# مۇقەددەس
# كالام

## تەۋرات، زەبۇر، پەيغەمبەرلەر
## ۋە ئىنجىل

«ئۇيغۇرچە مۇقەددەس كىتاب»

2025

مۇقەددەس كىتاب 2012 ©
www.mukeddeskalam.com
«ئۇيغۇرچە كالام تەرجىمىسى»

# مۇقەددەس كىتاب - مۇندەرىجە

## تەۋرات (كونا ئەھدە)


| | بات |
|---|---|
| تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل | 5 |
| 1. ئالەمنىڭ يارىتىلىشى | 19 |
| 2. مىسىردىن چىقىش | 297 |
| 3. كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى (لاۋىيلار) | 492 |
| 4. چۆل-باياۋاندىكى سەپەر | 634 |
| 5. قانۇن شەرھى | 795 |
| 6. يەشۇئا | 942 |
| 7. باتۇر ھاكىملار | 1033 |
| 8. رۇت | 1140 |
| 9. سامۇئىل 1 قىسىم | 1164 |
| 10. سامۇئىل 2 قىسىم | 1272 |
| 11. «پادىشاھلار»(1) | 1379 |
| 12. «پادىشاھلار»(2) | 1494 |
| 13. تارىخلار 1 قىسىم | 1616 |
| 14. تارىخلار 2 قىسىم | 1718 |
| 15. ئەزرا | 1838 |
| 16. نەھەمىيا | 1887 |
| 17. ئەستەر | 1949 |
| 18. ئايۇپ | 1986 |
| 19. زەبۇر | 2168 |
| 20. پەند نەسىھەتلەر | 2495 |
| 21. ھېكمەت توپلىغۇچى | 2610 |
| 22. كۈيلەرنىڭ كۈيى | 2668 |
| 23. يەشايا | 2720 |
| 24. يەرەمىيا | 3054 |
| 25. يىغا-زارلار | 3330 |
| 26. ئەزاكىيال | 3360 |
| 27. دانىيال | 3586 |
| 28. ھوشىيا | 3720 |
| 29. يوئېل | 3781 |
| 30. ئاموس | 3805 |
| 31. ئوبادىيا | 3849 |
| 32. يۇنۇس | 3863 |
| 33. مىكاھ | 3885 |
| 34. ناھۇم | 3924 |
| 35. ھاباككۇك | 3942 |
| 36. زەفانىيا | 3973 |
| 37. ھاگاي | 3995 |
| 38. زەكەرىيا | 4027 |
| 39. مالاكى | 4303 |
| تەۋرات-زەبۇر تېكىستلىرى | 4327 |


## ئىنجىل («يېڭى ئەھدە»)


| | بات |
|---|---|
| ئىنجىل - تونۇشتۇرۇلۇشى | 1 |
| 1. ماتتا | 20 |
| 2. ماركۇس | 221 |
| 3. لۇقا | 332 |
| 4. يۇھاننا | 543 |
| 5. روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى | 720 |
| 6. رىملىقلارغا | 893 |
| 7. كورىنتلىقلارغا (1) | 982 |
| 8. كورىنتلىقلارغا (2) | 1096 |
| 9. گالاتىيالىقلارغا | 1172 |
| 10. ئەفەسۇسلۇقلارغا | 1222 |
| 11. فىلىپپىلىقلارغا | 1275 |
| 12. كولوسسىلىكلەرگە | 1316 |
| 13. تېسالونىكالىقلارغا (1) | 1355 |
| 14. تېسالونىكالىقلارغا (2) | 1373 |
| 15. تىموتىيغا (1) | 1400 |
| 16. تىموتىيغا (2) | 1437 |
| 17. تىتۇسقا | 1469 |
| 18. فىلېمونغا | 1483 |
| 19. ئىبرانىيلارغا | 1497 |
| 20. ياقۇپ | 1583 |
| 21. پېترۇس 1-مەكتۇپ | 1616 |
| 21. پېترۇس 2-مەكتۇپ | 1662 |
| 23. يۇھاننا 1-مەكتۇپ | 1689 |
| 24. يۇھاننا 2-مەكتۇپ | 1724 |
| 25. يۇھاننا 3-مەكتۇپ | 1732 |
| 26. يەھۇدا | 1740 |
| 27. ۋەھىي | 1757 |
| تەبىرلەر | 1886 |
| ئىنجىل تېكىستلىرى | 1970 |



# مۇقەددەس كىتاب ـ تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل توغرىسىدا كىرىش سۆز

ئەرشتىن نازىل قىلىنغان بۇ كالامنى تونۇشتۇرۇشقا ئىنسانىنىڭ تىلى دەرۋەقە بەكلا ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە پەيلاسوپلار ۋە دانىشمەن دەپ ئاتالغانلار ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ كۆزى كۆرگەن ئىشلاردىن پەرەز قىلىپ، چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئۆزلىرىنىڭ خىيالدىكى ياراتقۇچىسى توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ كەلگەن. دۇنيا مىقياسىدىكى كۈتۈپخانىلار ئۇلارنىڭ شۇ تىرىشچانلىقلىرىدىن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر بىلەن تولدۇرۇلۇپ تۇرماقتا؛ بىراق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى رېئاللىققا يۈزلەنگەن بەزى سەممىي كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىدىكى كەمتۈكلۈكنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس؛ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەرتەرەپلىمە چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ئىنسان چەكسىز بىر خۇدانى ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە! ئەڭ مۇھىمى، گۇناھقا پېتىپ قالغان ئىنسانلار قانداقمۇ پاك-مۇقەددەس ياراتقۇچىسىدىن بىرەر مەلۇماتنى بىلىپ يېتەلىسۇن؟

ئۇنداقتا، ياراتقۇچىمىزنى تونۇشتىن ئۈمىد ئۈزۈۋىشىمىزگە توغرا كېلەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۈمىدسىزلىنىشىمىزگە بولمايدۇ. ئەگەر خۇدا ئۆزىنى ئىنسانلارغا ئايان قىلىشنى خالىسا ھەم شۇنداقلا ئۆزىنى ئايان قىلىشتىن خۇشاللىق تاپقان بولسا، ئۇنداقتا ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. خۇداغا مىڭ مەرتەم تەشەككۈر! پەرۋەردىگار خۇدا دەل شۇنداق قىلدى. ئۇ ئۆزىنى سۆز ھەم يازمىلار بىلەن ئىنسانلارغا ئايان قىلىپ، ئىنسانىيەتكە ئۆزى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى.

تەۋرات يازمىلىرىدا «مەزكۇر كىتابلار دەل مۇشۇنداق مەقسەتتە ئاتا قىلىنغان» دېيىلىدۇ؛ زەبۇر يازمىلىرىدا «مەزكۇر كىتابلار دەل مۇشۇنداق مەقسەتتە ئاتا قىلىنغان»

دېيىلىدۇ؛ ئىنجىل يازمىلىرىدا «مەزكۇر كىتابلار دەل مۇشۇنداق مەقسەتتە ئاتا قىلىنغان» دېيىلىدۇ.

ئىنجىلدا پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئايان قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئىككى يەكۈن خاراكتېرلىق بايان تېپىلىدۇ: —

«پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ روھىنىڭ يوليورۇق-ئىلھامى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇ تەلىم بېرىش، تەنبىھ بېرىش، خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە كىشىلەرنى ھەققانىيەت يولىغا باشلاشقا پايدىلىقتۇر» («2تىم.» 16:3)

مۇشۇ يەردە «پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ھەممىسى» دېگەن ئىبارە ئىنجىلدىن ئىلگىرىكى تەۋرات-زەبۇر، شۇنداقلا ئىنجىلنىڭ ئۆزىدىكى ھەربىر سۆز-ئايەتنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

«شۇنى ھەممىدىن مۇھىم دەپ بىلىشىڭلار كېرەككى، مۇقەددەس يازمىلاردىكى ھېچقايسى ۋەھىي پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە يەتكۈزۈلگەن ئەمەس (ياكى «ئۆزلىرى ئويلاپ چىققان ئەمەس»). چۈنكى ھېچقانداق ۋەھىي-بېشارەت ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىدىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مۇقەددەس ئادەملىرى مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن يېتەكلىنىپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئېيتقان سۆز-كالامدۇر» («2پېت.» 21-20:1).

يۇقىرىدا بىز تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى ئەرشتىن نازىل قىلىنغان ياكى ئەرشتىن ئاتا قىلىنغان، دەپ تەكىتلەپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا خۇدا تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدىكى سۆزلەرنى پۈتكەن پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇقەددەس بەندىلىرىگە خۇددى ئۇستاز ئۆز شاگىرتلىرىغا «ئاڭلاپ يېزىش» مەشىقى قىلغۇزغاندەك ئوقۇپ بەرگەنمىدۇ؟ ياكى تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدىكى سۆزلەر بىۋاستە ئاسماندىن تاشلاپ بېرىلگەنمۇ؟

يۇقىرىقى ئايەتلەرگە قارىغاندا، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايمىز. ئوقۇرمەنلەر «نابى» (پەيغەمبەر) دېگەن سۆزنى بىلىشى مۇمكىن. ئەسلىدە بۇ سۆز ئىبرانىي تىلىدىكى «نابا» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. «نابا» دېگەن سۆز ئەسلىدە: «ئۇرغۇپ چىقىش»، «بولدۇقلاپ چىقىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇقەددەس كىتابتىكى تەلىملەرگە ئاساسەن بىز شۇنداق ئىشىنىمىزكى، خۇدانىڭ سۆزى ئۇنىڭ روھىنىڭ

«يولىيورۇق-ئىلھامى» بىلەن پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزۈلگەن، ئاندىن بۇ سۆزلەر يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن «ئۇنىڭ روھىنىڭ يولىيورۇق-ئىلھامى بىلەن» (گرېك تىلىدا «خۇدا نەپەسى بىلەن كىرگۈزۈپ»)ئۇرغۇپ چىققان (گرېك تىلىدا «روھ» ۋە «نەپەس» بىر سۆز).

شۇنداق ئوخشىتىشقا بولىدۇكى، خۇدانىڭ سۆز-كالامى خۇددى مۇزىكىنىڭ سازدىن چىققىنىدەك پەيغەمبەرلەرنىڭ روھ-قەلبلىرىدىن چىققان بولىدۇ. سازنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى مۇزىكىنىڭ ئاھاڭىغا ياكى خاراكتېرىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ لېكىن سازنىڭ ئالاھىدىلىكى ياكى خۇسۇسىيىتى (ئىشەنچلىك ساز بولسىلا) ئۇستا سازچىغا توسالغۇ بولمايدۇ؛ ئۇستا دۇتارچى ئۆزى چېلىشنى خالايدىغان پەدىگە چېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئالاھىدىلىكى ياكى خاراكتېرى بار دۇتارنى تاللىۋالىدۇ؛ ئاندىن چېلىش ئۇسلۇبى ياكى ئىستىلىنى سازنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ياكى خاراكتېرىغا ماسلاشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇستا سازچىنىڭ چالغان مۇزىكىسى بەلكىم تېخىمۇ يېقىملىق ھەم تېخىمۇ تەسىرلىك بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدامۇ ئۆزىنىڭ «سازلىرى» بولغان پەيغەمبەرلەرنى تاللىۋالىدۇ؛ خۇدانىڭ قولى ئاستىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزۈلگەنلىرىمۇ خۇدا ئېيتماقچى بولغان سۆزلەرنى ئالاھىدە يولدا ئىپادىلەشتە ۋاستە بولىدۇ. شۇڭا بىز ھەقىقي پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ روھ-قەلبىدىن چىققان ھەم خۇدادىن چىققان، دەيمىز. خۇددى روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئېيتقىنىدەك: «پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ روھىنىڭ يولىيورۇق-ئىلھامى بىلەن يېزىلغان». شۇڭا مۇقەددەس يازمىلار خۇدانىڭ ھەممىگە قادىر قولى ۋە ھوقۇقى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى ھەقىقەت ھەم ھەربىر ئەقىل-خۇشى جايىدا بولغان ئادەم تەرىپىدىن ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىنىشى كېرەك دەپ قارايمىز. خۇدانىڭ مۇقەددەس يازمىلارنى ئاتا قىلىش يولى توغرىسىدا كېيىنچە بىز يەنە كۆپ چۈشەنچىلەرنى بېرىمىز؛ تونۇشتۇرۇش يولىدا مۇشۇنچىلىك يازغىنىمىز ھازىرچە يېتەرلىك بولار.

خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈشىدە بۇنىڭدىن باشقا يوللارمۇ بولغان، ئەلۋەتتە؛ مەسىلەن، مۇسا پەيغەمبەر سىناي تېغىدا خۇدادىن كەلگەن، پۈتۈش كېرەك

بولغان مۇقەددەس قانۇننى ۋە مۇقەددەس چىدىرنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يوليورۇقلارنى تاپشۇرۇۋالغاندا ئۇ مۇشۇلارنى بىۋاستە ئەرشتىن قوبۇل قىلغان («مىس.» 19-31-بابلار)؛ روسۇل يۇھاننا ئاخىرقى زاماندىكى ئىشلارنى ۋە يېڭى ئاسمان-زېمىننى ئايان قىلغان ۋەھيىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، بۇ ۋەھيى ئاساسەن ئۇنىڭغا بىۋاستە ئەرشتىن يەتكۈزۈلگەن (ئىنجىل «ۋەھيى» كىتاب).

ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەزىلىرىگە سەل ھەيران قالارلىق بولۇشى مۇمكىنكى، تەۋرات ۋە ئىنجىل بىرلا مۇئەللىپ تەرىپىدىن كۆپ قىسىملىق بولۇپ پۈتۈلگەن كىتاب بولماستىن، بەلكى قىرىقتىن ئارتۇق مۇئەللىپ تەرىپىدىن پۈتۈلگەن كۆپ قىسىملىق بىر كىتابتۇر. تەۋراتنىڭ ئاۋۋالقى بەش قىسمى دەرۋەقە مۇسا پەيغەمبەر تەرىپىدىن پۈتۈلگەن. بۇ بەش قىسىمنىڭ بىرىنچىسى، يەنى «يارىتىلىش» دېگەن قىسىم خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىش جەريانىنىڭ خاتىرىسى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئادەمئاتىمىزدىن تارتىپ ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگىچە بولغان روھىي تارىخىنىڭ خاتىرىسىدۇر. مۇسا پەيغەمبەر بۇ كىتابنى خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن پۈتكەن، دەپ ئىشىنىمىز؛ ئەمما ئۇ «يارىتىلىش»نى يېزىشتا پەقەت خۇدانىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىدىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان، ئىبراھىمنىڭ جەمەتىدە ساقلىنىپ كەلگەن بىرنەچچە ئاغزاكى ياكى پۈتۈكلۈك تارىخلارنى توپلاپ خاتىرىلىگەن تارىخشۇناسنىڭ رولىنى ئۆتىگەندى. بۇ كىتابنى مۇسا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1475-1400-يىللاردا پۈتكەن، دەپ قارايمىز. تەۋراتتىكى يەنە بىر كىتابنى، يەنى «ئايۇپ پەيغەمبەر» دېگەن كىتاب بۇنىڭدىن تېخىمۇ بۇرۇن پۈتۈلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز.

ئىبراھىمدىن يەھۇدىي خەلقى، يەنى «ئىسرائىل» كېلىپ چىققان. مۇسانىڭ ئىسرائىل ئىچىدىكى يېتەكچىلىكى ۋە پەيغەمبەرلىكىدىن كېيىن، خۇدا يەھۇدىي خەلقىنىڭ ھەربىر دەۋرى ئۈچۈن دېگۈدەك پەيغەمبەرلەرنى تەيىنلەپ تۇردى؛ ئۇلار خەلققە خۇدانىڭ پاك-مۇقەددەسلىكى، ۋەدىلىرى ۋە يوللىرىنى ئەسلەتتى ھەم بەزىلىرى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن خەۋەرلەرگە كۆپرەك يېڭى ۋەھيىلەرنى يۈكلەيتتى. بېشارەتلەردىن باشقا تەۋراتتىكى بەزى كىتابلارنى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە بەزىلىرىنى ئىبادەت قوللانمىسى ياكى ئىبادەت نەزمىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. تەۋراتتا جەمئىي بولۇپ 39 كىتاب بار (يەھۇدىي خەلقى ئادەتتە بۇلاردىن بەزىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ 22 كىتاب قىلىدۇ). بۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرى ئاز دېگەندىمۇ

بەلكىم 32 ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېزىلغان ۋاقىتلىرى بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1600-يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 396-يىلىغىچە سوزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. كىتابلارنىڭ مۇئەللىپلىرى خان جەمەتىدىكىلەردىن تارتىپ دېھقانلارغىچە بولغان ھەر تەبىقە ۋە ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ئادەملەر ئىدى. گەرچە ئارقا كۆرۈنۈشى شۇنداق ھەر تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ، تەۋرات جۈملىدىن زەبۇردىكى خەۋەرلەر ئىنجىلدىكى خەۋەر بىلەن قوشۇلۇپ ئايرىلماس مۇكەممەل بولغان بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇنداقتا تەۋراتتا زادى قانداق ئىشلار خاتىرىلىنىدۇ؟

بۇ توغرىسىدا بىز ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئاددىي ھەم ئىخچام يەكۈننى بېرىمىز: -

(1) خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىشى، شۇنداقلا بۇنىڭدىكى مۇددىئا-مەقسىتى، بولۇپمۇ ئىنسانغا بولغان مۇددىئا-مەقسىتى خاتىرىلەنگەن؛

(2) خۇدانىڭ ئىنسان بىلەن ئەسلىدىكى يېقىن مۇناسىۋىتى خاتىرىلەنگەن؛

(3) ئۇشبۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئىنساننىڭ گۇناھ سادىر قىلغىنى تۈپەيلىدىن بۇزۇلغانلىقى خاتىرىلەنگەن؛

(4) خۇدانىڭ ئىنساننىڭ گۇناھى ۋەجىدىن چۈشىدىغان بالايىئاپەتلەر توغرۇلۇق ۋەھيىسى ۋە ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە يېقىن مۇناسىۋەتكە قايتىدىن كەلتۈرۈش توغرۇلۇق ۋەدىسى خاتىرىلەنگەن؛

(5) خۇدا ئاگاھ-بېشارەت قىلغىنىدەك، ئىنساننىڭ گۇناھى ۋەجىدىن چۈشىدىغان «تەربىيىلىك جازا» بولغان ئاپەتلەر (مەسىلەن، نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى توپان، «بابىل مۇنارى» قاتارلىق ۋەقەلەر) خاتىرىلەنگەن؛

(6) خۇدانىڭ ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە يېقىن مۇناسىۋەتكە قايتىدىن كەلتۈرۈش توغرۇلۇق ۋەدىسى ئىبراھىمنى ئۆزىگە چاقىرىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ ئىبراھىمغا: «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت ئاتا قىلىنىدۇ» دەپ ۋەدە قىلىدۇ («يار.» 3:12). كېيىن، بۇ ۋەدىنىڭ ئىبراھىمدىن چىققان ئەلگە، يەنى يەھۇدىي خەلقىگە قالدۇرۇلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

خۇدا «ئۇلار ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت ئاتا قىلىنىدۇ» دەپ ۋەدە قىلغان؛ شۇنداق ئىكەن، ئۇ يەھۇدىي خەلقى ئارقىلىق بىز («يەر يۈزىدىكى ئەللەر»)گە «بەخت يەتكۈزىدىغان» قانداق ئىشلارنى قىلدى؟ بىز يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق مۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىز: —

(1) خۇدا يەھۇدىي خەلقىگە ئۆزىنىڭ مۇتلەق ھەققانىيلىقىنى ۋە پاك-مۇقەددەسلىكىنى ئايان قىلدى. بۇلار خۇدا ئۇلارغا تاپىلىغان بارلىق قانۇن-بەلگىلىمىلەردە مۇجەسسەملەشكەن. باشقا ئەللەرمۇ بۇ قانۇنلار ئارقىلىق خۇدانىڭ تەبىئىتىدىن ئازراق بولسىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە بولالىغان.

(2) يەھۇدىي خەلقى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن بۇ پۈتكۈل قانۇن-تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىشقا تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىنتىلىشلىرى داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىنىڭ ئاسارىتىگە ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن.

(3) بۇنداق قاتتىق ساۋاقنى بىلگەندىن كېيىن، ئىسرائىلدا ئۆز گۇناھلىق تەبىئىتىنى ئوبدان بىلگەن، خۇداغا سادىق بولغان بىر «قالدىسى» پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر قۇتقۇزغۇچىغا بولغان قەتئىي موھتاجلىقىنى تونۇپ يەتكەن؛ قۇتقۇزغۇچى دۇنياغا كەلگەندە ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدى.

(«خۇدانىڭ قالدىسى»دىن باشقىلار بولسا ئۆزىنىڭ قايتا-قايتا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىگە كۆزىنى يۇمۇپ، ئۆزلىرىنى باشقا ئەللەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ: «ھەرھالدا، بىز بۇ «بۇتپەرەس كاپىرلار»دىن ياخشىمىز» دېيىشتى. بىراق خۇدا ئۇلارنىڭ قەلبىگە قاراپ ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە كاپىرلاردىن بەتتەر دەپ بىلدى).

(4) كۆپ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن تەۋرات-زەبۇردا، ھەرقايسى دەۋرلەردە ياشىغان كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق خۇدا كەلگۈسىدە بىر قۇتقۇزغۇچى، يەنى مەسىھنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئىنسانلارغا ئۇقتۇرىدۇ. مەسىھ كەلگەندە ئۇ: (ئا) ئۆز ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بىلەن شەيتاننى مەغلۇپ قىلىدۇ؛ (ئە) ئاۋۋال ئىسرائىلغا، ئاندىن بارلىق باشقا ئەللەرگە گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈمىنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ (ب) نىجات، يەنى يېڭى (مەڭگۈلۈك) ھاياتنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ باشقىچە ئېيتقاندا ئۇ خۇدانىڭ ئىنساندا بولغان ئەسلىدىكى مەقسىتى، يەنى «ئىنسان ئوبرازىمىز ۋە سۈرىتىمىز بولسۇن» دېگەن مەقسىتىنى ئاخىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ («يار.» 26:1).

(5) ئاخىردا ئىسرائىل خەلقى ئارقىلىق قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ پاك قىز مەريەمدىن تۇغۇلۇپ، دۇنياغا كەلدى. ئۇ دەل «بارلىق ئەللەرگە ئاتا قىلىنغان بەخت»تۇر.

يۇقىرىقىدىكى بۇ بەش باسقۇچنى يەنە خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالدى بىلەن شەيتاننىڭ، ئاندىن ئىنساننىڭ گۇناھقا تېيىلىپ چۈشۈش سەۋەبىدىن بۇزۇلغان ئالەمگە قەدەممۇقەدەم «بۆسۈپ كىرىش» جەريانى دەپ سۈپەتلىسەكمۇ بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بەخت-بەرىكەت يەتكۈزىدىغان باسقۇچلار تەۋراتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر. «تەۋرات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «يوليورۇق»، «ھىدايەت» دېگەنلىك بولۇپ - ئۇ پەقەت خۇدانىڭ ئەمرىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ خۇداغا قەتئىي موھتاجلىقى توغرۇلۇق تەلىم-تەربىيە بېرىپ، خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇش يولىنى، يەنى نىجاتنى ئايان قىلىدىغان كىتابتۇر. ئىنجىلنىڭ ئاساسىي خەۋىرى بولسا خۇدانىڭ نىجاتنى ئېلىپ كەلگەن مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئەلۋەتتە؛ شۇڭا تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «تەن بىلەن باش»نىڭ مۇناسىۋىتىدۇر - ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئىككى قىسمىدۇر.

# تەرجىمە پرىنسىپلىرى

تەۋراتنىڭ زور كۆپ قىسمى ئىبرانىي تىلىدا، ئاز بىر قىسمى ئارامىي تىلىدا يېزىلغان، ئىنجىل قەدىمكى گرېك تىلى (يۇنان تىلى)دا يېزىلغان. بىز تەۋراتنىڭ ھەربىر قىسمىنى تەرجىمە قىلغىنىمىزدا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىبرانىيشۇناسلارنىڭ (ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان) ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ پايدىلاندۇق؛ ئاندىن بىرنەچچە خىل ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمىلەردىن، خەنزۇ تىلىدىكى «خېخېبەن»، «شىنيىبەن» ۋە «لۈجېنجۇڭ» قاتارلىق تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن ۋە رۇس تىلىدىكى «سىنودال» تەرجىمىسىدىن پايدىلاندۇق. ھەممىدە بىز مەھمەت شۈكرىنىڭ قەشقەردە 1910-1950-يىللىرىدا ئىشلىگەن ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى ۋە شۇنداقلا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»دىن (توردا «Injil.net»دە تېپىلىدىغان قىسىملىرىدىن) كۆپ پايدىلاندۇق.

ئىنجىلنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىمىزدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماتېرىياللاردىن باشقا بىز گرېك تىلىدىكى تېكىستلەرنى بىۋاستە كۆرۈپ ئىشلىدۇق ۋە شۇنىڭدەك قەدىمكى گرېك تىلىنى تەتقىق قىلغان نۇرغۇن ئىنجىلشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئىشلىدۇق.

قولىڭىزدىكى بۇ تەرجىمە نۇسخىسىدا بىزنىڭ كۆزلىگەن نىشان-مەقسىتىمىز شۇكى، كۆچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئوقۇرمەنلەرگە ئەسلىدىكى ئىبرانىيچە ۋە گرېكچە تېكىستلەرنى ئەينەن ئىپادىلەيدىغان شەكىل ۋە سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىنىشقا تىرىشتۇق. ئۇشبۇ خىزمەتنى خۇدا ئالدىدا تىترەپ-قورققان هالدا، ئۇنىڭدىن: «بىزگە ئۆز سۆز-كالامىڭنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغايسەن» دەپ ئۆتۈنۈپ ئىشلىدۇق. بىزگە ياردەم بەرگەن بىر ئىبرانىيشۇناسنىڭ: «مۇقەددەس كىتابنى تەرجىمە قىلغۇچى چوقۇم ئەسلىي تېكىستنىڭ قۇلى بولۇشى كېرەك» دېگەن هېكمەتلىك سۆزىنى پرىنسىپ قىلدۇق. ئىبرانىي تىلىدىكى ياكى گرېك تىلىدىكى مەلۇم بىر سۆز-ئىبارە ۋە ئىدىئومنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئۇدۇل كېلىدىغانلىرى بولسا، بىز شۇنى تەرجىمىمىزدە ئىشلەتتۇق، ئەلۋەتتە؛ قايسى يەردە ئىبرانىي تىلىدا ياكى گرېك تىلىدا مەلۇم بىر سۆز-ئىبارە ۋە ئىدىئومنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغان بولساق ئوقۇرمەنلەرگە مۇجمەللىك، ئىككى بىسلىق ياكى خاتا تەسىر يەتكۈزۈش ئېهتىماللىقى بولغاندا، بىز مەنىسى ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ئىبارىنى ئىشلىتىشكە تىرىشتۇق ۋە كۆپ يەرلەردە ئەسلىدىكى ئىبارىنى ئىزاهاتلىرىمىزدا كۆرسەتتۇق.

بەزى ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىمىزدە كۆرسىتىلگىنىدىن يەنە باشقا خىل چۈشەندۈرۈشلىرى بولسا، ئۇلارنى ئىزاهاتلىرىمىزدىمۇ كۆرسىتىشكە تىرىشتۇق ۋە بەزىدە بىز تاللىغان تەرجىمىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسەتتۇق.

تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ بارلىق قىسىملىرىدا كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تونۇشتۇرىدىغان «كىرىش سۆز» بار، ۋە ئاخىرىدا چۈشىنىش تەس بولغان ئايەتلەر شەرهلىنىدىغان ياكى بەزى مۇهىم نۇقتىلار تەكىتلەپ كۆرسىتىلىدىغان «قوشۇمچە سۆز»لەرنى كىرگۈزدۇق.

مۇقەددەس كىتابنى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىشتىكى ئەڭ ياخشى قورال دەل مۇقەددەس كىتابنىڭ ئۆزىدۇر؛ ئۇ ئوقۇلغانسېرى ئۆز-ئۆزىگە شەرھ بېرىپ چۈشەنچىمىزنى ئاشۇرۇپ بارىدۇ. شۇ ۋەجدىن بىز ئىزاهاتلىرىمىزدىمۇ مەزكۇر

ئايەت بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ئايەتلەرنىڭ قەيەردە كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

تەرجىمە جەريانىدا ھەممىگە قادىر بولغۇچىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كۈچ-مەدىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ساناقسىز رەھمەتلەرنى ئېيتىمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن بىزگە مەدەت بەرگەندەك ئوقۇرمەنلەرگىمۇ ئۆز سۆز-كالامىنى چۈشىنىشكە مەدەت بېرىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

بىزنىڭ بۇ تەرجىمىمىزنى «www.mukeddeskalam.com»تىن چۈشۈرۈشكە بولىدۇ ۋە شۇ تور بەتتىن مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللارمۇ ئوقۇرمەنلەرگە تەمىنلىنىدۇ. مانا بۇ جايدا بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ سوئاللىرى ياكى پىكىرلىرىنى قارشى ئالىمىز ۋە ئىمكانىيىتىمىز بارىچە سىلەرگە جاۋاب بېرىمىز.

## ئەسلىي تېكىستلەر

ئوقۇرمەنلەر: «تەۋراتنىڭ ئەسلىي قول يازمىسى نەدە؟»، «ئىنجىلنىڭ ئەسلىي قول يازمىسى نەدە؟»، «سىلەر نېمىنى ئاساس قىلىپ تەرجىمە قىلدىڭلار؟» دېگەن سوئالنى قويۇشى مۇمكىن. بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن ئاقىلانىلىك بىلەن قويۇلغان سوئالدۇر. بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، بىز بۇ ئىزدىنىشنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ھاۋالە قىلىمىز. ئىشىنىمىزكى، قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز تۆۋەندىكى ئاددىي خەۋەرنى كۈتۈپخانىلاردىن ياكى «ئىنتېرنېت»تىن تەكشۈرۈپ تاپالايدۇ: -

(1) تەۋراتنىڭ ياكى ئىنجىلنىڭ ئەسلىدىكى قول يازمىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بۈگۈنگە قەدەر تېپىلغىنى يوق.

(2) ھالبۇكى، تەۋراتنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ خېلى كۆپ ئىنتايىن قەدىمكى كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ۋە شۇنىڭدەك ئىنجىلنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ قەدىمكى كۆچۈرمە نۇسخىلىرى مەۋجۇت.

(3) تەۋرات قىسىملىرىنىڭ كۆچۈرمىلىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇشىدىن يەھۇدىي خەلقىنىڭ مۇقەددەس كالاملارنى «كۆچۈرۈش خىزمىتى»دىكى سادىقلىقى ۋە ئەستايىدىللىقى ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئۇلار مۇقەددەس كالاملارنى كۆچۈرۈش خىزمىتى

جەھەتتە داڭ چىقارغان. بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق ئىسپاتلايدىغان تۆۋەندىكى پاكىتلارغا قاراپ باقايلى: -

(ئا) مىلادىيەدىن كېيىنكى 1930-يىلغىچە «تەۋراتتىكى ئەڭ قەدىمكى كۆچۈرمىلەر» دەپ قارالغان يازمىلارنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئالىملارنىڭ پەرزىچە مىلادىيەدىن كېيىنكى 800-يىللار ئىدى (بۇ كۆچۈرۈلمىلەر «ماسورىت تېكىستلىرى» دېيىلىدۇ). 1930-يىللاردا ئىئوردانىيەدە، «ئۆلۈك دېڭىز»غا يېقىن ئۆڭكۈرلەردىن ناھايىتى كۆپ قەدىمكى ئورام يازمىلار تېپىلغان. ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە بۇ يازمىلارنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرگە ياكى 3-ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئورام يازمىلار «ئەستەر» قىسمىدىن باشقا، تەۋراتنىڭ بارلىق قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئورام يازمىلارنى 1000 يىلدىن كېيىنكى «ماسورىت تېكىستلىرى» بىلەن سېلىشتۇرغاندا بايقالغان پەرقلەر زەررىچىلىك دېگىلى بولىدۇ. شۇڭا قولىمىزدىكى تەۋراتنىڭ كۆچۈرۈلمىلىرى مۇتلەق ئىشەنچلىك، دەپ ئىسپاتلىنىدۇ.

يەھۇدىي خەلقى ئەسىرمۇ-ئەسىر تەۋراتتىكى يازمىلارنى تولىمۇ قەدىرلەپ كەلگەن. ئۇلار تەۋراتنىڭ قىسىملىرىنى كۆچۈرۈش خىزمىتىنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىغاچقا، مەلۇم كۆچۈرمىنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈشتە ھەرخىل تەكشۈرۈش يوللىرىنى ئىجاد قىلغان. بۇ تەكشۈرۈش يوللىرىدىن بىرى «ھەرپلەرنى ساناش» بولۇپ، مەلۇم يېڭى كۆچۈرۈلمىنىڭ ھەرپ سانى بىرسى ئارتۇق ياكى كەم بولسا، ياكى پۈتۈن كۆچۈرۈلمىنىڭ «دەل ئوتتۇرىسىدىكى» ھەرپ توغرا بولمىسا ئۇلار كۆچۈرمىنى شۇ ھامان يىرتىپ تاشلايتتى ۋە يېڭىۋاشتىن كۆچۈرۈشنى باشلايتتى (ھازىرقى مەتبۇئات بۇنداق قەلەم بىلەن كۆچۈرۈشنى كېرەكسىز قىلدى، ئەلۋەتتە، بەزى يەھۇدىيلار چىرايلىق كۆركەم بولسۇن دەپ تېخىچە ھۆسنە خەت بىلەن كۆچۈرۈۋاتىدۇ).

(4) ئىنجىلنىڭ قەدىمكى كۆچۈرۈلمىلىرى ناھايىتى كۆپ (دۇنيانىڭ كۆپ يەرلىرىدىن تېپىلغان 8000دىن ئارتۇق كۆچۈرمە نۇسخىسى بار). بۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكىلىرى مىلادىيەدىن كېيىنكى 2-ئەسىردە ياكى ھەتتا 1-ئەسىردە يېزىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇلغاندا پەرقلىرىنىڭ يەنىلا ئىنتايىن ئازلىقى بايقىلىدۇ. بىز تەرجىمىمىزدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن تېكىستلەردىن تاللانغان «كۆپ كۆچۈرمىلەردىن تاللانما» دېگەن تېكىستنى ئاساس قىلدۇق.

ئىزاھاتىمىزدا قەدىمكى كۆچۈرۈلمىلەردە ئەھمىيىتى بار بولغان پەرقلەر بولسا بىز شۇنى كۆرسىتىشكە تىرىشتۇق. ئەمما شۇنداق پەرقلەر ھېچيەردە ئىنجىلدىكى مۇھىم تەلىملەرگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

پەرۋەردىگار خۇدا ھەممىگە قادىردۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ مۇقەددەس سۆز-كالامىغا ئىشىنىشنى ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئەگىشىپ مېڭىشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن، پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنى تولۇق، مۇكەممەل ساقلاشقا قادىر ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشىنىمىز.

«قەدىمكى كۆچۈرۈلمىلەر»نىڭ فوتو نۇسخىلىرىنىمۇ كۆرۈڭ.

ئىزاھات: يەنە ئوقۇرمەنلەرگە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، تېكىست ئىچىدە كۆرۈلگەن بارلىق كىرىش سۆزلەر، ماۋزۇلار، باش قۇرلار، ئىزاھاتلار ۋە قوشۇمچە سۆزلەر ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن تەرجىمان تەرىپىدىن بېرىلدى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەسلىي تېكىست-ئايەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس.

يەنە كۆرسەتمەكچىمىزكى،تەۋرات-ئىنجىلدىكى «باب»لار ۋە «ئايەتلەر»نىڭ «تەرتىپ رەقەملىرى» ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇلغان بولۇپ،ئۇلار ئەسلىي تېكىستنىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئىدى. ئەسلىي تېكىستلەردە پەقەت «زەبۇر»دىلا كۈيلەرنىڭ ئەسلى «تەرتىپ رەقەملىرى» بولغان.

## ئەينى تېكىستكە يەنە سۆز قوشقان بولساق بىز بۇ سۆزلەرنى مۇشۇ رەڭدە بېرىمىز.

ئىزاھات: - مۇشۇ تەرجىمىمىزدە مەلۇم كىتابنىڭ YY-باب، XX-ئايەت «XX:YY» دەپ ئىپادىلەندى؛ مەسىلەن، «يار.» 23:49 بولسا تەۋرات، «يارىتىلىش»، 49-باب، 23-ئايەتنى كۆرسىتىدۇ.

# كونا ئەھدە

# تەۋرات، زەبۇر، پەيغەمبەرلەر

# تەۋرات 1-قىسىم

# «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»

## كىرىش سۆز

تەۋراتنىڭ بۇ قىسمى خۇدانىڭ ئالەمنى ئاپىرىدە قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالەمنى يارىتىشتىكى مەقسەتلىرى توغرىسىدا يېزىلغان قىممەتلىك خاتىرىدۇر. بۇ بىزنىڭ خۇدانى ۋە ئىنسانلارنى چۈشىنىشىمىزگە نىسبەتەن بىزنى قىممەتلىك ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەزكۇر كىتابنى بىز قىسقارتىپ «يارىتىلىش» ياكى «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دەپمۇ ئاتايمىز.

بۇ كىتابتا، كونكرېت ھالدا (1) خۇدانىڭ ھەرقايسى ماددىي شەيئىلەر، ھايۋاناتلار، شۇنداقلا ئاخىردا ئىنساننى ياراتقانلىقى؛ (2) خۇدانىڭ ئىنساننى يارىتىشىدا، ئىنسان مەن بىلەن سىرداش-دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولسۇن دېگەن مۇددىئا-نىشانلىرى؛ (3) ئىنساننىڭ گۇناھ سادىر قىلىشى بىلەن شۇ دوستلۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى؛ (4) خۇدانىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بەدەل تۆلەپ ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىدىكى مەقسىتىدىكىدەك ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىنىڭ باشلىنىشى قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدۇ.

شۇڭا «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» كىتابىنى ھەرقايسى جەھەتلەردىكى «باشلىنىشلار بايان قىلىنغان كىتاب» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇشبۇ كىتابتىن: — ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، بولۇپمۇ ئىنساننىڭ يارىتىلىشى توغرۇلۇق بىردىنبىر ھەقىقىي خاتىرىنى؛ خۇدانىڭ «ئىنساننى ئۆز سۈرەت-ئوبرازىدا، ئۆزىگە ئوخشاش قىلىپ» يارىتىشىنىڭ مەقسەتلىرىنى؛ ئىنساننىڭ گۇناھقا پېتىشىنى؛ خۇدانىڭ ئىنسانلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەن بىرىنچى جازاسىنى، شۇنداقلا گۇناھتىن قۇتقۇزىدىغان نىجاتى توغرۇلۇق ۋەدىسىنى؛ ئىنسانلارنىڭ تۇنجى گۇناھنى سادىر قىلغاندىن كېيىن تېزلا ھەرتۈرلۈك بۇزۇقچىلىق ۋە

بۇتپەرەسلىككە پېتىپ قالغانلىقىنى؛ خۇدانىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن ئىككىنچى ئېغىر جازاسىنى، يەنى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە يەر يۈزىگە ئەۋەتكەن توپاننى؛ ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن ئۈچىنچى ئېغىر جازاسىنى، يەنى ئىنسانلارنىڭ تىلىنى «بابىل مۇنارى»دا خىلمۇ-خىل قىلىپ بۆلۈۋەتكىنىنى ۋە شۇنداقلا تىلنى بۆلۈۋېتىش ئارقىلىق شەيتاننىڭ ئىنسانلارغا قاراتقان ۋەسۋەسىلىرىنى چەكلىگەنلىكىنى؛ ئىبراھىمنىڭ بۇتپەرەسلىكتىن ئايرىلىپ، يەككە يىگانە پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىلغانلىقىنى؛ ئىبراھىمغا ھەرخىل سىناق-قىيىنچىلىقلار ئارقىلىق ئۆگىتىلگەن ئاجايىب ساۋاقلارنى؛ ئىسمائىل ۋە ئىسھاقنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىنى؛ ئەساۋ ۋە ياقۇپنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىنى؛ يۈسۈپنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى تاپالايمىز.

خۇدادىن قورقىدىغان بارلىق مۆمىن بەندىلەر تەۋراتنىڭ بۇ بىرىنچى قىسمىنىڭ مۇئەللىپىنى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇشبۇ تارىختا خاتىرىلەنگەن بارلىق ۋەقەلەر مۇسا پەيغەمبەر دۇنياغا كېلىشتىن بىر-ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەنىدى. ئۇنداقتا، بۇ تارىخ مۇسا پەيغەمبەرگە قانداق يولدا تاپشۇرۇلغان؟ «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دىن شۇنى بايقايمىزكى، كىتابتا ئاۋۋال خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىشى تەسۋىرلىنىدۇ، ئاندىن ئون بىر «ئايرىم تارىخ» بايان قىلىنىدۇ. ھەربىر تارىخي قىسىم «تۆۋەندە پالانچى-پوكۇنچىنىڭ دەۋرلىرى... (خاتىرىلىنىدۇ)» ياكى «تۆۋەندە پالانچى-پوكۇنچىنىڭ تارىخى... (خاتىرىلىنىدۇ)» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. مۇشۇ يەردىكى «دەۋر» ياكى «تارىخ» ئىبرانيي تىلدا «تولىدوت» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بۇ ئون بىر قىسىم بەزىدە «ئون بىر تولىدوت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردا تارىخلارنىڭ كۆپىنچىسى ساپال ياكى تاش تاختايلارغا خاتىرىلىنەتتى. ئەگەر تارىخ بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، بىرنەچچە تاختايلار ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى؛ شۇنداق بولغاچقا، تاختايلارنىڭ تەرتىپىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەربىر تاختايدىكى ئاخىرقى جۈملە كېيىنكى تاختاينىڭ بېشىدا تەكرارلىناتتى. «ئون بىر تولىدوت»تا بىز دەل مۇشۇنداق نۇسخىلارنى بايقايمىز. دېمەك، بىر «تولىدوت»تىكى ئاخىرقى سۆزلەر كېيىنكى «تولىدوت»نىڭ بېشىدا قايتىلىنىدۇ. شۇڭا، «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ تارىخلىرى ئەسلىدە تاش ياكى ساپال تاختايلار ئۈستىگە پۈتۈلگەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بىلەن مۇسا پەيغەمبەر شۇ تاختايلارغا ئىگە بولۇپ،

مۇقەددەس روھنىڭ يوليورۇقى ۋە كۆرسەتمىلىرى بىلەن شۇ تاختايلاردىكى تارىخلارنى تەرتىپكە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى بىر كىتاب قىلىپ جەم قىلغان، دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسا پەيغەمبەرنىڭ «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» كىتابىغا نىسبەتەن رولى شۇ بولىدىكى، ئۇ بۇ كىتابنىڭ رەسمىي مۇئەللىپى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ۋەھىيسىگە ئەگىشىپ، يۇز بەرگەن ۋەقەلەرنى «تۈپلاپ رەتلىگۈچى» ياكى «مەزكۇر تۈپلامنىڭ مۇھەررىرى» بولغان. ئۇنىڭ مۇشۇ تارىخلارنى تۈپلىغان ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1475-يىلى بولۇشى مۇمكىن.

«تولىدوتلار» بولسا تۆۋەندىكىدەك: —

مۇقەددىمە: — ئالەمنىڭ يارىتىلىشى (1:1-3:2)

1-تولىدوت (تارىخ): — «ئاسمان-زېمىننىڭ تولىدوتى» (4:2-26:4)
2-تولىدوت (تارىخ): — «ئادەمئاتىنىڭ تولىدوتى» (1:5-8:6)
3-تولىدوت (تارىخ): — «نۇھنىڭ تولىدوتى» (9:6-29:9)
4-تولىدوت (تارىخ): — «نۇھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تولىدوتى» (1:10-9:11)
5-تولىدوت (تارىخ): — «شەمنىڭ تولىدوتى» (10:11-26)
6-تولىدوت (تارىخ): — «تەراھنىڭ تولىدوتى» (27:11-11:25)
7-تولىدوت (تارىخ): — «ئىسمائىلنىڭ تولىدوتى» (12:25-18)
8-تولىدوت (تارىخ): — «ئىسھاقنىڭ تولىدوتى» (19:25-29:35)
9-تولىدوت (تارىخ): — «ئەساۋنىڭ تولىدوتى» (1:36-8)
10-تولىدوت (تارىخ): — «ئېدوملارنىڭ ئاتىسى ئەساۋنىڭ تولىدوتى (ئۇنىڭ ئىككىنچى تولىدوتى)» (9:36-1:37)
11-تولىدوت (تارىخ): — «ياقۇپنىڭ تولىدوتى» (2:37-26:50)

# مەزمۇن

مەزمۇن جەھەتتىن بۆلسەك بۆلۈنمىلەر تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: —

1. مۇقەددىمە: — ئالەمنىڭ يارىتىلىشى (1:1-25:2)
2. گۇناھنىڭ ئالەمدە پەيدا بولۇشى (1:3-24)
3. ئادەمئاتىنىڭ ئەۋلادلىرى (1:4-29:5)
4. نۇھ پەيغەمبەر، توپان بالاسى (1:6-29:9)
5. نۇھنىڭ ئەۋلادلىرى؛ دۇنيادىكى بارلىق ئەل-مىللەتلەرنىڭ نەسەبنامىسى (1:10-32)
6. بابىل مۇنارى؛ خۇدانىڭ ئىنسانلارنىڭ تىلىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشى (1:11-9)
7. ئىبراھىمنىڭ چاقىرىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىھالى (10:11-11:25)
8. ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى — ئىسمائىل ۋە ئىسھاق (12:25-28:45)
9. ياقۇپنىڭ جەمەتى؛ ئۇلارنىڭ يۈسۈپنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، مىسىرغا چۈشۈشى ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىشى (1:46-26:50)

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دا ئوقۇرمەنلەرگە تۈنجى قېتىم خۇدانىڭ ماھىيىتى، خاراكتېرى ۋە يوللىرى توغرىسىدىكى بىرقانچە مۇھىم ھەقىقەتلەر تونۇشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۇھىم تېمىلار ئۈستىدە ئادەتتىكىدىن سەل ئۇزۇنراق «قوشۇمچە سۆز» قوشتۇق. لېكىن بۇ قوشۇمچە سۆزلىرىمىز ئوقۇرمەنلەرگە بۇ تېمىلار توغرۇلۇق پۈتۈنلەي تەپسىلىي ئۇچۇر تەمىنلىيەلىشى ناتايىن. بىز پەقەت ھەر تېمىدا بايقىغىنىمىزنى ۋە ئويلىرىمىزنى ئېيتىپ بېرىمىز؛ بۇ ئويلىرىمىزنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ-ئىزدىنىشلىرىگە ياردىمى بولسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

# ئالەمنىڭ يارىتىلىش

## خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىشى

1 [1] مۇقەددەمدە خۇدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتتى. ئۇ چاغدا
بولسا شەكىلسىز ۋە قۇپقۇرۇق ھالەتتە بولدى؛ قاراڭغۇلۇق چوڭقۇر
سۇلارنىڭ يۈزىنى قاپلىدى؛ خۇدانىڭ روھى چوڭقۇر سۇلار ئۈستىدە
لەرزان پەرۋاز قىلاتتى.
[3] خۇدا: «يورۇقلۇق بولسۇن!» دېۋىدى، يورۇقلۇق پەيدا بولدى. [4] خۇدا
يورۇقلۇقنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردى؛ خۇدا يورۇقلۇق بىلەن
قاراڭغۇلۇقنى ئايرىدى. [5] خۇدا يورۇقلۇقنى «كۈندۈز»، قاراڭغۇلۇقنى
«كېچە» دەپ ئاتىدى. شۇ تەرىقىدە كەچ بىلەن سەھەر ئۆتتى، بۇ تۇنجى
كۈن بولدى.
[6] ئاندىن خۇدا: ــ سۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بىر بوشلۇق بولسۇن ۋە سۇلار
يۇقىرى-تۆۋەن ئىككىگە ئايرىلىپ تۇرسۇن، دېدى. [7] شۇنىڭ بىلەن
خۇدا بىر بوشلۇق ھاسىل قىلىپ، سۇلارنى بوشلۇقنىڭ ئاستىغا ۋە

1:1 **«خۇدا»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئەلوھىم» دېيىلىدۇ. بۇ توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. **«ئاسمانلار»** ــ مۇقەددەس كىتاب بويىچە ئۈچ قاتلام ئاسمان بار؛ بىرىنچى قات ئاسمان «ئاتموسفېرا»، ئىككىنچى قات ئاسمان «ئالەم بوشلۇقى»، ئۈچىنچى قات ئاسمان خۇدانىڭ ئەرشىدۇر. شۇڭا «ئاسمان» كۆپ يەرلەردە «ئاسمانلار» دېيىلىدۇ.

**1:1** ئايۇپ 4:38؛ زەب. 6:33؛ 11:89؛ 5:136-6؛ روس. 15:14؛ ئىبر. 3:11

2:1 **«بولدى»** ــ بەزى تەرجىملەردە «ئىدى» ياكى «تۇراتتى» دەپ ئېلىنغان. ئالىملارنىڭ بۇ ئايەت ئۈستىدىكى ئۈچ خىل قارىشى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«چوڭقۇر سۇلار»** ــ دېڭىز-ئوكيانلارنى كۆرسىتىدۇ. **«قاپلىدى»** ــ ياكى «قاپلىغانىدى». **«لەرزان پەرۋاز قىلاتتى»** ــ مۇشۇ ھالەتنى ئىبرانيي تىلىدا «(تۇخۇم بېسىۋاتقان) كۈرۈك توخۇدەك ھالەتتە تۇرىدۇ» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

5:1 **«كەچ بىلەن سەھەر»** ــ «تۇنجى كۈنى»دە «كەچ بىلەن سەھەر» بولغانىكەن، ئۇنداقتا «تۇنجى كۈن» ئادەتتىكى بىر كۈننى، يەنى 24 سائەتلىك بىر كۈننى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. —ئادەتتە مۇقەددەس كىتابتىكى بارلىق خاتىرىلەردە، شۇنداقلا بۈگۈنگە قەدەر ئىبرانىيلاردا «كۈن»نىڭ بېشى كەچ ياكى ئاخشام بىلەن باشلىنىدۇ دېگەن قاراش بار.

6:1 **«بىر بوشلۇق»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «يېيىلغان بىر نەرسە».

**6:1** زەب. 6:33؛ 3:104؛ 5:136-6؛ پەند. 28:8؛ يەش. 5:42؛ يەر. 12:10؛ 15:51

بوشلۇقنىڭ ئۈستىگە ئايرىۋەتتى؛ ئىش ئەنە شۇنداق بولدى. 8 خۇدا
بۇ بوشلۇقنى «ئاسمان» دەپ ئاتىدى. شۇ تەرىقىدە كەچ بىلەن سەھەر
ئۆتتى، بۇ ئىككىنچى كۈن بولدى.
9 ئاندىن خۇدا: «ئاسمانىنىڭ ئاستىدىكى سۇلار بىر يەرگە يىغىلسۇن،
قۇرۇق تۇپراق كۆرۈنسۇن!» دېۋىدى، دەل شۇنداق بولدى. 10 خۇدا قۇرۇق
تۇپراقنى «يەر»، يىغىلغان سۇلارنى بولسا «دېڭىزلار» دەپ ئاتىدى.
خۇدا بۇلارنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى كۆردى.
11 ئاندىن خۇدا يەنە: «يەر ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنى، ئۇرۇقلۇق
ئوتياشلارنى، مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەرنى تۈرلىرى بويىچە ئۆزىدە
ئۈندۈرسۇن! مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقلىرى بولسۇن!» دېۋىدى، دەل
شۇنداق بولدى؛ 12 يەردىكى ئۆسۈملۈكلەرنى، يەنى ئۇرۇق چىقىدىغان
ئوتياشلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە، مېۋە بېرىدىغان، يەنى مېۋىلىرىنىڭ
ئىچىدە ئۇرۇقلىرى بولغان دەرەخلەرنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە ئۈندۈردى.
خۇدا بۇلارنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى كۆردى. 13 شۇ تەرىقىدە كەچ بىلەن
سەھەر ئۆتتى، بۇ ئۈچىنچى كۈن بولدى.
14 خۇدا يەنە: «كۈندۈز بىلەن كېچىنى ئايرىپ بېرىش ئۈچۈن
ئاسمانلاردا يورۇقلۇق جىسىملار بولسۇن. ئۇلار كۈنلەر، پەسىللەر ۋە
يىللارنى ئايرىپ تۇرۇشقا بەلگە بولسۇن؛ 15 ئۇلار ئاسمانلاردا تۇرۇپ
نۇر چىقارغۇچى بولۇپ، يەر يۈزىگە يورۇقلۇق بەرسۇن!» دېۋىدى،
دەل شۇنداق بولدى. 16 خۇدا ئىككى چوڭ نۇر چىقارغۇچى جىسىمنى
ياراتتى؛ چوڭ نۇر چىقارغۇچىنى كۈندۈزنى باشقۇرىدىغان، كىچىك
نۇر چىقارغۇچىنى كېچىنى باشقۇرىدىغان قىلدى. ھەمدە يەنە
يۇلتۇزلارنىمۇ ياراتتى. 17-18 خۇدا بۇلارنى يەرگە يورۇقلۇق بېرىپ، كۈندۈز
بىلەن كېچىنى باشقۇرۇپ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى ئايرىسۇن

7:1 **«سۇلارنىڭ ئايرىلىشى»** — بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**7:1** زەب. 7:33؛ 6:136؛ پەند. 24:8؛ زەب. 4:148

**9:1** ئايۇپ 10:26؛ 8:38؛ زەب. 2:24؛ 6:136

**14:1** زەب. 7:136

**15:1** قان. 19:4؛ يەر. 35:31

دەپ ئاسمانلارنىڭ گۈمبىزىگە ئورۇنلاشتۇردى. خۇدا بۇنىڭ ياخشى
بولغانلىقىنى كۆردى. 19 شۇ تەرىقىدە كەچ بىلەن سەھەر ئۆتتى، بۇ
تۆتىنچى كۈن بولدى.
20 خۇدا يەنە: «سۇلاردا مىغ-مىغ جانىۋارلار بولسۇن، ئۇچار-قاناتلار
يەرنىڭ ئۈستىدە، ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچسۇن» دېدى.
21 شۇنداق قىلىپ خۇدا سۇدىكى چوڭ-چوڭ مەخلۇقلارنى، شۇنداقلا
سۇلاردا مىغ-مىغ جانىۋارلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە ۋە ھەرخىل
ئۇچار-قاناتلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە ياراتتى. خۇدا بۇنىڭ ياخشى
بولغانلىقىنى كۆردى. 22 خۇدا بۇ جانلىقلارغا بەخت-بەرىكەت ئاتا
قىلىپ: «نەسىللىنىپ، كۆپىيىپ، دېڭىز سۇلىرىنى تولدۇرۇڭلار،
ئۇچار-قاناتلارمۇ يەر يۈزىدە ئاۋۇسۇن» دېدى. 23 شۇ تەرىقىدە كەچ بىلەن
سەھەر ئۆتتى، بۇ بەشىنچى كۈن بولدى.
24 خۇدا يەنە: «يەر جانىۋارلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە چىقارسۇن ــ مال-
چارۋىلارنى، ئۆمىلىگۈچى جانىۋارلارنى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆز تۈرلىرى
بويىچە ئاپىرىدە قىلسۇن» ــ دېۋىدى، دەل شۇنداق بولدى. 25 شۇنداق قىلىپ
خۇدا يەردىكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە، مال-چارۋىلارنى
ئۆز تۈرلىرى بويىچە ۋە يەر يۈزىدە ئۆمىلىگۈچى بارلىق جانىۋارلارنى
ئۆز تۈرلىرى بويىچە ياراتتى. خۇدا بۇنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى كۆردى.
26 ئاندىن خۇدا: «ئۆز سۈرەت-ئوبرازىمىزدا، بىزگە ئوخشايدىغان قىلىپ
ئىنساننى يارىتايلى. ئۇلار دېڭىزدىكى بېلىقلارغا، ئاسماندىكى ئۇچار-
قاناتلارغا، بارلىق مال-چارۋىلارغا، پۈتكۈل يەر يۈزىگە ۋە يەر يۈزىدىكى
بارلىق ئۆمىلىگۈچى جانىۋارلارغا ئىگىدارچىلىق قىلسۇن» دېدى.
27 شۇنداق قىلىپ، خۇدا ئىنساننى ئۆز سۈرەت-ئوبرازىدا ياراتتى؛

21:1 **«چوڭ-چوڭ مەخلۇقلار»** ــ بۇ سۆز گاھى ۋاقىتلاردا «ئەجدىھا»نى بىلدۈرىدۇ.

**22:1** يار. 17:8.

26:1 **«خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازىدا بولۇش»** ــ بۇ توغرۇلۇق ۋە «خۇداغا ئوخشايدىغان قىلىنىش»، شۇنداقلا خۇدانىڭ بۇ ئايەتتە «بىز، بىزنىڭ» دېگىنى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**26:1** يار. 3:5، 6:9؛ مات. 20:22؛ 1كور. 7:11، 49:15؛ 2كور. 4:4؛ كول. 15:1، 10:3؛ ياق. 9:3

ئۇنى ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە ياراتتى؛
ئۇلارنى ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتتى.
28 خۇدا ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىپ: «سىلەر نەسىللىنىپ، كۆپىيىپ،
يەر يۈزىنى تولدۇرۇپ بويسۇندۇرۇڭلار؛ دېڭىزدىكى بېلىقلار، ئاسماندىكى
ئۇچار-قاناتلارغا، شۇنىڭدەك يەر يۈزىدە يۈرىدىغان ھەربىر ھايۋانلارغا
ئىگىدارچىلىق قىلىڭلار» دېدى. 29 ئاندىن خۇدا يەنە: «مانا، مەن پۈتكۈل
يەر يۈزىدىكى ئۇرۇقلۇق ئۆتياشلار بىلەن ئۇرۇقلۇق مېۋە بېرىدىغان ھەربىر
دەرەخلەرنى سىلەرگە ئوزۇقلۇق بولسۇن دەپ بەردىم؛ 30 شۇنداقلا يەردىكى
بارلىق جانىۋارلار بىلەن ئاسماندىكى بارلىق ئۇچار-قاناتلار ۋە يەر يۈزىدە
بارلىق ئۆمىلىگۈچىلەرگە، يەنى بارلىق جان-جانىۋارلارغا ئوزۇقلۇق
بولسۇن دەپ بارلىق كۆك-گىياھلارنى بەردىم» دېۋىدى، دەل شۇنداق بولدى.
31 خۇدا ياراتقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە سەپسېلىپ قارىدى، ۋە مانا بۇلارنىڭ
ھەممىسى ناھايىتى ياخشى بولغانىدى. شۇ تەرىقىدە كەچ بىلەن سەھەر
ئۆتتى، بۇ ئالتىنچى كۈن بولدى.

2 1 شۇنداق قىلىپ ئاسمان بىلەن زېمىن، پۈتكۈل مەۋجۇداتلىرى
بىلەن قوشۇلۇپ يارىتىلىپ بولدى.
2 خۇدا يەتتىنچى كۈنىگىچە قىلىدىغان ئىشىنى تاماملىدى. ئۇ
يەتتىنچى كۈنى بارلىق يارىتىش ئىشىنى توختىتىپ ئارام ئالدى.

---

**27:1** يار. 1:5؛ 6:9؛ 1كور. 7:11؛ ئەف. 24:4؛ كول. 10:3.

**28:1** يار. 17:8؛ 1:9، 2، 7.

**29:1** يار. 3:9؛ زەب. 14:104، 15

**30:1** زەب. 13:104-14

**31:1** قان. 4:32؛ مار. 37:7.

**1:2 «پۈتكۈل مەۋجۇداتلار»** — ئىبرانىي تىلىدا «بارلىق قوشۇنلىرى». بۇ سۆز، شۈبھىسىزكى، بارلىق جانىۋارلارنىلا ئەمەس، ئاسماندىكى بارلىق يۇلتۇزلار ۋە كېرۇب-پەرىشتىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**2:2 «ئارام ئالدى»** — خۇدانىڭ «ئارام ئېلىش»ى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز

**2:2** مىس. 11:20؛ 17:31؛ قان. 14:5؛ ئىبر. 4:4.

[3]يەتتىنچى كۈنى خۇدا بارلىق يارىتىش ئىشلىرىدىن ئارام ئالغان كۈن
بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كۈننى بەختلىك كۈن قىلىپ، ئۇنى «مۇقەددەس
كۈن» دەپ بېكىتتى.

## «ئاسمان-زېمىننىڭ تارىخلىرى» 4:2-26:4
## ئېرەم باغ - ئادەمئاتىنى يارىتىش جەريانى

[4]پەرۋەردىگار خۇدا زېمىن بىلەن ئاسمانلارنى ياراتقان كۈنىدە، ئاسمان-
زېمىننىڭ يارىتىلىش جەريانىنىڭ تارىخلىرى مۇنداق: — [5]زېمىندا
تېخى ھېچ گۈل-گىياھ، يەردە ھېچ ئوتياش ئۈنمىگەنىدى؛ چۈنكى
پەرۋەردىگار خۇدا يەر يۈزىگە ھۆل-يېغىن ياغدۇرمىغانىدى، شۇنداقلا
يەر تېرىيدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. [6]لېكىن يەردىن بۇلاق سۈيى
چىقىپ، تامام يەر يۈزىنى سۇغاردى. [7]ئاندىن پەرۋەردىگار خۇدا
ئادەمنى يەرنىڭ توپىسىدىن ياساپ، جىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا ھاياتلىق

3:2 **«مۇقەددەس كۈن»** — «مۇقەددەس كىتاب»تا، «مۇقەددەس» دېگەن سۆز «خۇداغا مەخسۇس ئاتالغان»، «خۇدانىڭ ئىشلىتىشىگە مەخسۇس ئايرىلغان»، «خۇداغىلا مەنسۇپ» دېگەندەك مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

4:2 **«پەرۋەردىگار»** — مۇشۇ كىتابتا ئىپلىنغان «پەرۋەردىگار» بولسا، ئىبرانىي تىلىدىكى «ياھۋەھ» دېگەننىڭ تەرجىمىسىدۇر. «ياھۋەھ» خۇدانىڭ يەنە بىر ئىسمى بولۇپ، «مەڭگۈلۈك بولغۇچى»، «ئۆزۈم باردۇرمەن»، «ئەھدىسىدە مەڭگۈ تۇرغۇچى خۇدا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ توغرۇلۇق يەنە مۇناسىۋەتلىك تەبىرلەرنى كۆرۈڭ. **«ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىش جەريانىنىڭ تارىخلىرى مۇنداق»** — ئىبرانىي تىلىدا: «ئاسمان-زېمىنلارنىڭ دەۋر-تارىخلىرى مۇنداق بولدى» — «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دېگەن كىتابتا ئون بىر «تولدوت» («تارىخ») بولۇپ، ھەربىرى «بۇلار پالانچى-پوكۇنچى دەۋرىنىڭ تولدوتى (تارىخى)...» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ يەردە بايان قىلىنغۇاتقىنى تارىخنىڭ بىرىنچىسىدۇر (4:2-26:4).
—«پەرۋەردىگار خۇدا زېمىن بىلەن ئاسمانلارنى ياراتقان كۈنى» دېگەن مۇشۇ يەردە بەلكىم 24 سائەتلىك بىر كۈن ئەمەس، بەلكى 4:2-26:4دە بايان قىلىنغان پۈتكۈل مەزگىلنى كۆرسەتسە كېرەك.

5:2 **«ھېچ گۈل-گىياھ، يەردە ھېچ ئوتياش ئۈنمىگەنىدى»** — بۇ جۈملىدە بەلكىم ئېرەم بېغىدا ئالاھىدە بولغان ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

6:2 **«بۇلاق سۈيى»** — ياكى «بىرخىل تۇمان».

نەپەسنى پۈۋلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئادەم تىرىك بىر جان بولدى. [8] ئاندىن كېيىن پەرۋەردىگار خۇدا مەشرىق تەرەپتە ئېرەم دېگەن جايدا بىر باغ بىنا قىلىپ، ياسىغان ئادەمنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى . [9] پەرۋەردىگار خۇدا يەردىن كۆزنى قاملاشتۇرىدىغان چىرايلىق، مېۋىلىرى يېيىشلىك ھەرخىل دەرەخنى ئۈندۈردى؛ ئۇ يەنە باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ھاياتلىق دەرىخى» ۋە «ياخشى بىلەن ياماننى بىلگۈزگۈچى دەرەخ»نى ئۈندۈردى. [10] باغنى سۇغىرىشقا ئېرەمدىن بىر دەريا ئېقىپ چىقتى؛ ئاندىن بۆلۈنۈپ، تۆت ئېقىن بولدى. [11] بىرىنچى ئېقىننىڭ نامى پىشون بولۇپ، ئالتۇن چىقىدىغان پۈتكۈل ھاۋىلاھ زېمىنىنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ. [12] بۇ يۇرتنىڭ ئالتۇنى ناھايىتى ئېسىل ئىدى؛ شۇ يەردە پۇراقلىق دېۋىرقاي بىلەن ئاق ھېقىقمۇ چىقىدۇ. [13] ئىككىنچى دەريانىڭ نامى گىھون بولۇپ، پۈتكۈل كۇش زېمىنىنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ. [14] ئۈچىنچى دەريانىڭ نامى دىجلە بولۇپ، ئاشۇرنىڭ شەرقىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، تۆتىنچى دەريانىڭ نامى ئەفرات ئىدى.

[15] پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمنى ئېلىپ ئېرەم بېغىغا ئىشلەپ، پەرۋىش قىلسۇن دەپ ئۇنى شۇ يەرگە قويۇپ قويدى. [16] پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمگە

---

7:2 **«ئادەم» ۋە «توپا»** ـــ ئىبرانىي تىلدا «توپا» ۋە «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزى يېقىن؛ ئۇ يەنە «قىزىل» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك (ئوتتۇرا شەرقتە توپا قىزىلغا مايىل بولىدۇ). **«ھاياتلىق نەپەسى»** ـــ ئىبرانىي تىلدا «ھاياتلارنىڭ نەپەسى».

**7:2** 1كور. 15:45، 47.

8:2 **«ئېرەم»** ـــ ئىبرانىي تىلدا «ئېدەن». مەنىسى «لەززەت»، «ھۇزۇر».

9:2 **«ھاياتلىق دەرىخى» ۋە «ياخشى بىلەن ياماننى بىلگۈزگۈچى دەرەخ»** ـــ بۇ دەرەخلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**9:2** ۋەھ. 7:2.

12:2 **«دېۋىرقاي»** ـــ ياكى «مەرۋايىت».

14:2 **«دىجلە»** ـــ ئىبرانىي تىلدا «ھىددەكەل». **«ئاشۇر»** ـــ ئاسۇرىيەنىڭ قەدىمكى نامى

15:2 **«پەرۋىش قىلسۇن»** ـــ ئىبرانىي تىلدا «پەرۋىش قىلىش» مۇشۇ يەردە يەنە «قوغداش، مۇداپىئە قىلىش، قاراش» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمر قىلىپ: باغدىكى ھەربىر دەرەخ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭچە يە؛
17 ئەمما «ياخشى بىلەن يامانني بىلگۈزگۈچى دەرەخ»نىڭ مېۋىسىدىن
يېمىگىن؛ چۈنكى ئۇنىڭدىن يېگەن كۈنۈڭدە جەزمەن ئۆلىسەن، ــ دېدى.

## ھاۋا ئانىنىڭ يارىتىلىشى

18 ئاندىن پەرۋەردىگار خۇدا يەنە سۆز قىلىپ: ـ ئادەمنىڭ يالغۇز
تۇرۇشى ياخشى ئەمەس؛ مەن ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىر ياردەمچى
ھەمراھنى ياساپ بېرەي، ــ دېدى.
19 پەرۋەردىگار خۇدا تۇپراقتىن دالادىكى بارلىق جانىۋارلار بىلەن
ئاسماندىكى ھەممە ئۇچار-قاناتلارنى ياسىغانىدى؛ ئۇلارغا ئادەمنىڭ
نېمە دەپ ئات قويىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئۇلارنى ئادەمنىڭ
ئالدىغا كەلتۈردى. ئادەم ھەربىر جانىۋارغا نېمە دەپ ئات قويغان
بولسا، ئۇنىڭ ئېتى شۇ بولۇپ قالدى. 20 بۇ تەرىقىدە ئادەم ھەممە
مال-چارۋىلارغا، ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا ۋە دالادىكى ھەربىر
جانىۋارلارغا ئات قويدى؛ ۋەھالەنكى، ئادەم ئۆزىگە ماس كېلىدىغان
ھېچبىر ياردەمچى ھەمراھ ئۇچراتمىدى.
21 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمگە بىر قاتتىق ئۇيقۇ سالدى؛ ئۇ
ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا، ئۇ ئۇنىڭ بىقىنىدىن بىر ئاز ئېلىپ،
ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىنى ئەت-گۆش بىلەن ئېتىپ قويدى. 22 شۇنىڭ بىلەن
پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمنىڭ بىقىنىدىن ئالغان شۇ قىسمىدىن بىر

---

– ئېنىقكى، ئىنسانىنىڭ ئەمگەك-خىزمەت قىلىشى ئىنسانىنىڭ گۇناھكار بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى خۇدا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بىرخىل بەخت-بەرىكەتتۇر. بىراق ئىنسانلارنىڭ گۇناھقا پېتىپ قالغاندىن كېيىنكى قىلغان ئەمگىكى بەك جاپالىق بولىدۇ.

18:2 **«ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان»** ــ ياكى «ئۆزىگە ئوخشاش». **«ياردەمچى ھەمراھ»** ــ بۇ سۆز ھەرگىز ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىدىن مەلۇم تەرەپتە تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى مۇقەددەس كىتابتىكى بەزى يەرلەردە خۇدا ئۆزىنىڭ ئىنسانغا «ياردەمچى» بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ (مەسىلەن، «زەب.» 14:10، 10:30، 1:46، 4:54دە).

21:2 **«بىقىنىدىن بىر ئاز ئېلىپ»** ــ ياكى «بىر تال قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ».

ئايالنى ياساپ، ئۇنى ئادەمنىڭ قېشىغا ئەكەلدى. 23 ئادەمئاتا خۇشال
بولۇپ: ــ مانا بۇ سۆڭەكلىرىمدىكى سۆڭەك، ئېتىمدىكى ئەت بولغاچ،
«ئايال» دەپ ئاتالسۇن؛ چۈنكى ئۇ ئەردىن ئېلىنغاندۇر، ــ دېدى.
24 شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر كىشى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئايالىغا
باغلىنىپ بىر بولۇپ، ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ.
25 ئادەمئاتا بىلەن ئايالى ھەر ئىككىسى يالىڭاچ بولسىمۇ، ھېچ
ئۇيالمايتتى.

## ئادەمئاتىنىڭ خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشى

3 1 يەر يۈزىدە يىلان رەب پەرۋەردىگار ياراتقان دالادىكى ھايۋانلارنىڭ
ھەممىسىدىن ھىيلىگەر ئىدى. ئۇ ئايالدىن: ــ خۇدا راستتىنلا
باغدىكى دەرەخلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ مېۋىسىدىن يېمەڭلار،
دېدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
2 ئايال يىلانغا جاۋاب بېرىپ: ــ باغدىكى دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى

22:2 1كور. 8:11.

23:2 **«ئايال»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «ئىششاھ»، «ئەر كىشى» «ئىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزلەر ئەرەبچە «ئىنسان» ۋە «نىسا» دېگەن سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

23:2 مال. 2:14؛ ئەف. 5:31،30.

24:2 **«باغلىنىش»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «باغلىنىش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «يېلىم بىلەن چاپلىنىش» دېگەنگە يېقىندۇر. **«بىر تەن»** ــ ياكى: «بىر ئەت». **«بىر تەن بولىدۇ»** ــ ياكى: «بىر تەن بولۇشقا توغرا كېلىدۇ».

24:2 مات. 5:19؛ مار. 7:10؛ ئەف. 5:28، 29، 31؛ 1كور. 6:16.

25:2 **«يالىڭاچ بولسىمۇ، ھېچ ئۇيالمايتتى»** ــ بۇ مۇھىم ئايەت توغرۇلۇق بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

25:2 يار. 3:7.

1:3 **«يىلان... دەپ سورىدى»** ــ بىزدە گۇمان يوقكى، يىلاننى ئىشلىتىپ سۆز قىلغۇچى شەيتان ئىدى («ۋەھ.» 12:9، 20:2نى كۆرۈڭ). ئوقۇرمەنلەر شۇنى بايقايدۇكى، شەيتان «خۇدا» دېگىنى بىلەن «رەب» ياكى «پەرۋەردىگار» دېگەن ناملارنى قەتئىي ئىشلەتمەيدۇ. ئۇ ئايالدىن سوئال سورىغاندا خۇدانىڭ ئېيتقان سۆزىدىكى «خالىغىنىڭچە» دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىدۇ.

يېسەك بولىدۇ. 3 ئەمما باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخنىڭ مېۋىسى
توغرىسىدا خۇدا: «بۇنىڭدىن يېمەڭلار، قولمۇ تەگكۈزمەڭلار، بولمىسا
ئۆلىسىلەر» دېگەن، دېدى.
4 يىلان ئايالغا: ــ ئۇنداق ئەمەس! ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر! 5 بەلكى سىلەر
ئۇنى يېگەن كۈنۈڭلاردا، خۇدا كۆزۈڭلارنىڭ ئېچىلىپ، خۇداغا ئوخشاش
ياخشى بىلەن يامانني بىلىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىڭلارنى
بىلىدۇ، ــ دېدى.
6 ئايال دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ يېمەكلىك ئۈچۈن ياخشىلىقىنى،
ئۇنىڭ كۆزنى قاملاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەمدە دەرەخنىڭ
ئادەمنى ئەقىللىق قىلىدىغان جەلپكارلىقىنى كۆرۈپ، مېۋىدىن يېدى
ۋە ئۇنىڭدىن يېنىدا تۇرغان ئېرىگىمۇ بەردى؛ ئۇمۇ يېدى. 7 يېيىشى
بىلەنلا ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچ
ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنى ئېلىپ بىر-بىرىگە
ئۇلاپ تىكىپ، ئۆزلىرىگە ياپقۇچ قىلىپ تارتتى.
8 كۈن سالقىنلىغاندا، ئۇلار پەرۋەردىگار خۇدانىڭ باغدا ماڭغان

3:3 **«باغدىكى دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى يېسەك بولىدۇ»** ــ ھاۋائانىمىز خۇدانىڭ تاپىلىغىنىنى ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن «خالىغىنىڭچە» دېگەن سۆزنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان، ئىككىنچىدىن خۇدانىڭ سۆزىگە: «قول تەگكۈزمەڭلەر» دېگەننى قوشۇپ قويىدۇ (4:2). لېكىن ھاۋائانىمىز مۇشۇ سۆزلەرنى بىۋاستە خۇدادىن ئاڭلىغان ئەمەس، ئېرى ئادەمئاتىمىز ئۇنىڭغا توغرا يەتكۈزۈشى كېرەك ئىدى؛ شۇڭا بۇ خاتالىقنىڭ مەسئۇلىيىتى ئادەمئاتىمىزدىمۇ بولۇشى مۇمكىن.
—يەنە دىققەت قىلىمىزكى، گەرچە «باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا» ئىككى دەرەخ بولسىمۇ، ھاۋائانىمىز پەقەت «باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخ» دەپ، بىرلا دەرەخنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى ئاللىقاچان شۇ دەرەخكە مەپتۇن بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.
**4:3** 2كور. 3:11.
**5:3** يۇھ. 44:8
6:3 **«ئايال ... كۆردى»** ــ ھاۋائانا ئۇچرىغان ئازدۇرۇلۇشنى مەسىھ ئەيسا ئۇچرىغان سىناق بىلەن سېلىشتۇرساق ئۇلاردا ئوخشاش ئۈچ ئامىل مەۋجۇت ــ «لۇقا» 4:1-14 ۋە «1يۇھ.» 2:16نى كۆرۈڭ.
—ئىنجىل بويىچە ھاۋائانىمىز ئالدىنىپ قالغۇچى، تولۇق گۇناھ سادىر قىلغۇچى ئادەمئاتىمىزدۇر؛ چۈنكى ئۇ ھېچ قارشىلىق كۆرسەتمەي، بىلىپ تۇرۇپ شۇ مېۋىدىن يېدى («1تىم.» 2:14نى كۆرۈڭ). ئادەمئاتىمىز ھاۋائانىنىڭ يېنىدا بولغىنى بىلەن، يەنىلا ئۇنى مېۋىنى يېيىشتىن توسۇمىدى.
**6:3** رىم. 12:5، 14-21؛ 1تىم. 14:2.

شەپىسىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئادەم ئايالى بىلەن پەرۋەردىگار
خۇدانىڭ ھازىر بولغىنىدىن قېچىپ باغدىكى دەرەخلەرنىڭ
ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. [9] لېكىن پەرۋەردىگار خۇدا تۇۋلاپ
ئادەمنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: سەن نەدە؟ ــ دېدى.
[10] ئادەمئاتا جاۋاب بېرىپ:
مەن باغدا شەپەڭنى ئاڭلاپ، يالىڭاچ تۇرغىنىم ئۈچۈن قورقۇپ كېتىپ،
يوشۇرۇنۇۋالدىم، ــ دېدى.
[11] خۇدا ئۇنىڭغا: ــ يالىڭاچ ئىكەنلىكىڭنى ساڭا كىم ئېيتتى؟ مەن ساڭا
يېمە، دەپ ئەمر قىلغان دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېدىڭمۇ-يا؟ ــ دېدى.
[12] ئادەم جاۋاب بېرىپ: ــ سەن ماڭا ھەمراھ بولۇشقا بەرگەن ئايال
دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ماڭا بەرگەنىدى، مەن يېدىم، ــ دېدى.
[13] پەرۋەردىگار خۇدا ئايالغا: ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ــ دېدى. ئايال جاۋاب
بېرىپ: ــ يىلان مېنى ئالداپ ئازدۇرسا، مەن يەپ ساپتىمەن، ــ دېدى.

## خۇدانىڭ يىلان، ئادەمئاتا ۋە ھاۋائانىنى جازالىشى

[14] پەرۋەردىگار خۇدا يىلانغا مۇنداق دېدى: ــ «بۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن،
سەن ھەممە مال-چارۋىلاردىن،
دالادىكى بارلىق ھايۋاناتلاردىن بەكرەك لەنەتكە قالىسەن؛
قورسىقىڭ بىلەن بېغىرلاپ مېڭىپ،
ئۆمرۈڭنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە توپا يەيسەن.

---

**8:3 «كۈن سالقىنلىغاندا»** ــ ياكى «كۈننىڭ سالقىن شامال ۋاقتىدا». «كۈننىڭ سالقىنلىشىش ۋاقتى» ئوتتۇرا شەرقتە كەچقۇرۇن باشلىنىدۇ.

**13:3** ۋەھ. 12:13.

**14:3 «پەرۋەردىگار خۇدا يىلانغا مۇنداق دېدى»** ــ خۇدا يىلاندىن ھېچقانداق سوئال سورىمايدۇ. **«بەكرەك لەنەتكە قالىسەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پەقەت سەنلا شۇ لەنەتلەرگە قالىسەن...». ئەمما ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بارلىق جان ئىگىلىرى لەنەتكە قېلىپ ئۆلىدۇ؛ شۇڭا بىز 14:3دىكى تەرجىمىنى توغرا دەپ قارايمىز. **«توپا يەيسەن»** ــ يىلانلارنىڭ ئوزۇقى توپا ئەمەس، ئەلۋەتتە، بىراق ئۇلار ھەردائىم ئوزۇق يېگەندە توپا يېمەي قالمايدۇ. بۇ ئىش يىلاننىڭ پەسلەستۇرۇلگەنلىكىنى، نومۇسقا قالدۇرۇلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

[15] ۋە مەن سەن بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىغا،
سېنىڭ نەسلىڭ بىلەن ئايالنىڭ نەسلىنىڭ ئارىسىغا ئۆچمەنلىك سالىمەن؛
ئۇ سېنىڭ بېشىڭنى دەسسەپ زەخىملەندۈرىدۇ،
سەن قوپۇپ ئۇنىڭ تاپىنىنى چېقىپ زەخىملەندۈرىسەن».
[16] ئاندىن خۇدا ئايالغا: ــ «سېنىڭ ھامىلىدارلىقىڭنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنى كۆپەيتىمەن؛
سەن قاتتىق تولغاق ئىچىدە بوشىنىسەن؛
سەن ئېرىڭدىن ئۇستۇن تۇرۇشقا ھەۋەس قىلىساڭمۇ،
ئۇ ئۇستۇڭدىن خوجىلىق قىلىدۇ» ــ دېدى.
[17] ئاندىن ئۇ ئادەمئاتىغا: ــ «سەن ئايالىڭنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ،
مەن ساڭا يېمە، دەپ ئەمر قىلغان دەرەختىن يېگىنىڭ تۈپەيلىدىن،
سېنىڭ تۈپەيلىڭدىن يەر-تۇپراق لەنىتىمگە ئۇچرايدۇ؛
ئۆمرۈڭنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە پەقەت جاپالىق ئىشلەپلا، ئاندىن

15:3 **«ئۇ سېنىڭ بېشىڭنى دەسسەپ زەخىملەندۈرىدۇ»** ــ ئايالنىڭ نەسلى شۇنداق قىلىدۇ. **«ئۇ سېنىڭ بېشىڭنى دەسسەپ زەخىملەندۈرىدۇ، سەن قوپۇپ ئۇنىڭ تاپىنىنى چېقىپ زەخىملەندۈرىسەن»** ــ مۇشۇ بېشارەتتە كۆرسىتىلگەن ئىش شۇكى، ئايال كىشىنىڭ نەسلى شەيتاننىڭ بېشىنى پۈتى بىلەن دەسسەپ يانچىغاندا، شەيتانمۇ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ تاپىنىنى يارىلاندۇرىدۇ. بۇ بېشارەتنى دۇنياغا كېلىدىغان قۇتقۇزغۇچى توغرۇلۇق، دەپ ئىشىنىمىز. بۇنىڭ ئۇستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**15:3** مات. 1:4؛ كول. 15:2.

16:3 **«ھامىلىدارلىقىڭنى...كۆپەيتىمەن»** ــ ئىنسان ئۇلىدىغان قىلىنغاچقا، ئايال كىشى كۆپرەك بالا تۇغۇشى كېرەك. **«سەن ئېرىڭدىن ئۇستۇن تۇرۇشقا ھەۋەس قىلساڭمۇ، ئۇ ئۇستۇڭدىن خوجىلىق قىلىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇنداقتىمۇ، ئېرىڭگە كۆچلۈك ئىشتىياق باغلايسەن ۋە ئۇ سېنى باشقۇرىدۇ». ئەمما خۇدانىڭ مۇشۇ ھۆكۈمى بىلەن گۇناھ تۈپەيلىدىن ئەر-ئايال ئارىسىدا زىددىيەت ۋە كۈرەش پەيدا بولدى، دېگەنلىكتۇر، دەپ قارايمىز. ئوخشاش پىئىللارنى ئىشلەتكەن، ئوخشاش شەكىللىك بىر جۈملە 7:4دە تېپىلىدۇ.
— يەنە باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇنداقتىمۇ، «شۇ ئېرىڭ»گە (دېمەك، -15ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان قۇتقۇزغۇچىغا) كۆچلۈك ئىشتىياق باغلايسەن ۋە ئۇ ئۇستۇڭگە باش بولىدۇ».

**16:3** 1كور. 34:14؛ 1تىم. 11:2، 12؛ تىت. 5:2؛ 1پېت. 6:3.

ئۈنىڭدىن ئوزۇقلىنىسەن.
[18] يەر ساڭا تىكەن بىلەن قامغاق ئۈندۈرىدۇ؛
شۇنداقتىمۇ سەن يەردىكى زىرائەت-ئوتىياشلارنى يەيسەن.
[19] تاكى سەن تۇپراققا قايتقۇچە يۈز-كۆزۈڭ تەرگە چۆمگەندە، ئاندىن
نان يېيەلەيسەن؛
چۈنكى سەن ئەسلى تۇپراقتىن ئېلىنغانسەن؛
سەن ئەسلىدە توپا بولغاچ،
يەنە توپىغا قايتىسەن» — دېدى.
[20] ئۈنىڭ ئايالى بارلىق جان ئىگىلىرىنىڭ ئانىسى بولىدىغىنى ئۈچۈن
ئادەم ئۈنىڭغا «ھاۋا» دەپ ئات قويدى.

[21] پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ئۈنىڭ ئايالىغا ھايۋان تېرىلىرىدىن
كىيىم قىلىپ كىيدۈرۈپ قويدى.

## ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئېرەم باغدىن قوغلىنىشى

[22] پەرۋەردىگار خۇدا سۆز قىلىپ: — مانا، ئادەم بىزلەردىن بىرىگە
ئوخشاپ قالدى، ياخشى بىلەن ياماننى بىلدى. ئەمدى قولىنى
ئۇزىتىپ ھاياتلىق دەرىخىدىن ئېلىپ يەۋېلىپ، تا ئەبەدگىچە

---

17:3 **«ئاياللىڭنىڭ سۆزىگە»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئاياللىڭنىڭ ئاۋازىغا». **«... دەرەختىن يېگىنىڭ تۈپەيلىدىن»** — ئەلۋەتتە، ئادەمئاتىنىڭ بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىي تېكىست ئىبرانىي تىلىدا «دەرەختىن» دەپ ئېلىنىدۇ.
18:3 **«سەن يەردىكى زىرائەت-ئوتىياشلارنى يەيسەن»** — نۇھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىگىچە ئىنسانلارغا پەقەت زىرائەت-ئوتىياش (گۆشنى ئەمەس) يېيىشكە رۇخسەت ئىدى (1:29نى كۆرۈڭ).
20:3 **«ھاۋا»** — ئىبرانىي تىلىدىكى «ھاياتلىق» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش. ئادەمئاتىنىڭ بۇ سۆزلىرى بېشارەتلىك ئىدى؛ چۈنكى ھاۋائانا تېخىچە بالا تۇغمىغانىدى.
21:3 **«ھايۋان تېرىلىرى»** — بۇ تېرىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم گۇناھسىز ھايۋاناتلار ئۆلۈشى كېرەك. بۇ بەلكىم بىرىنچى قۇربانلىقلار بولۇشى مۇمكىن. خۇدانىڭ ئادەمئاتا ۋە ھاۋائانىمىزغا ئېيتقان سۆزلىرى ۋە قىلغان مۇئامىلىسى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.
**21:3** 2كور. 5:1-5

ياشاۋەرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى توسۇشىمىز كېرەك، دېدى.
[23] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنى ئېرەم باغدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى؛
شۇنداق قىلىپ ئۇنى يەرگە ئىشلەيدىغان، يەنى ئۆزى ئەسلى ئاپىرىدە
قىلىنغان تۇپراققا ئىشلەيدىغان قىلىپ قويدى. [24] ئادەمنى قوغلىۋېتىپ،
ھاياتلىق دەرىخىگە بارىدىغان يولنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئېرەم
بېغىنىڭ مەشرىق تەرىپىگە كېرۇبلارنى ۋە تۆت تەرەپكە پىرقىرايدىغان
يالقۇنلۇق بىر شەمشەرنى قويۇپ قويدى.

## قابىل بىلەن ھابىل

4 [1] ئادەمئاتا ئايالى ھاۋا بىلەن بىللە بولدى؛ ھاۋا ھامىلىدار
بولۇپ قابىلنى تۇغۇپ: «مەن بىر ئادەمگە ئىگە بولدۇم ـ ئۇ
پەرۋەردىگاردۇر!» ـ دېدى.
[2] ئاندىن ئۇ يەنە قابىلنىڭ ئىنىسى ھابىلنى تۇغدى. ھابىل پادىچى
بولدى، قابىل بولسا تېرىقچى بولدى. [3] بېكىتىلگەن شۇنداق بىر
ۋاقىت-سائەتتە شۇنداق بىر ئىش بولدىكى، قابىل تۇپراقنىڭ

---

22:3 **«بىزلەر»** ــ بۇ سۆز توغرۇلۇق يەنە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى (26:1 توغرۇلۇق) كۆرۈڭ. **«ئۇنى توسۇشىمىز كېرەك»** ــ مۇشۇ سۆزلەر ئەينى تېكىستتە يوق.

24:3 **«كېرۇبلار»** ــ بەلكىم ئالەمدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پەرىشتىلەر ياكى مەخلۇقلار بولۇشى مۇمكىن. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

1:4 **«ئادەمئاتا ئايالى ھاۋا بىلەن بىللە بولدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئادەمئاتا ئايالى ھاۋائانانى توندى» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«قابىل»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قايىن» دېيىلىدۇ. «قايىن» ياكى «كايىن» دېگەن ئىسىم ئىبرانىي تىلىدا «ئىگە بولدۇم» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش. **«مەن بىر ئادەمگە ئىگە بولدۇم ــ ئۇ پەرۋەردىگاردۇر!»** ــ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئوغۇلغا ئىگە بولدۇم». ئەينى تېكىست «مەن بىر ئادەمگە ئىگە بولدۇم ــ پەرۋەردىگار!» دېگەن مەزمۇندىدۇر. بىزنىڭچە ھاۋائانىمىز «خۇدانىڭ قۇتقۇزغۇچى توغرۇلۇق ۋەدىسى ھازىر مەن تۇغقان بالا بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى!» دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇ ناھايىتى تېزلا قابىلنىڭ ۋەدە قىلىنغان قۇتقۇزغۇچى ئەمەسلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ، ئەلۋەتتە

2:4 **«ھابىل»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھەبەل» بولۇپ، مەنىسى «بىر تىنىق»، «ھور»، «بۇس» «ھېچنېمە» دېگەندەكتۇر. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىسىم ھاۋائانىمىز ياكى ئادەمئاتىمىزنىڭ بىرخىل ئۈمىدسىزلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ.

ھوسۇلىدىن پەرۋەردىگارغا ھەدىيە كەلتۈردى. [4] ھابىلمۇ پادىسىدىن
قويلىرىنىڭ تۇنجىلىرىدىن، يەنى ئۆلارنىڭ يېغىدىن ھەدىيە سۇندى.
پەرۋەردىگار ھابىلنى ۋە ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلدى.
[5] لېكىن قابىل ۋە ئۇنىڭ سۇنغىنىغا قارىمىدى. شۇ ۋەجىدىن قابىلنىڭ
تولىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، چىرايى تۇتۇلدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار قابىلغا: نېمىشقا ئاچچىقلىنىسەن؟ نېمە
ئۈچۈن چىرايىڭ تۇتۇلۇپ كېتىدۇ؟ [7] ئەگەر دۇرۇس ئىش قىلساڭ، سەن
كۆتۈرۈلمەمسەن؟ لېكىن دۇرۇس ئىش قىلمىساڭ، مانا گۇناھ ئىشىك
ئالدىدا سېنى پايلاپ بېغىرلاپ ياتىدۇ، ئۇ سېنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى
بولىدۇ؛ لېكىن سەن ئۇنىڭدىن غالىپ كېلىشىڭ كېرەك، دېدى.
[8] قابىل ئىنىسى ھابىلغا: «دالىغا چىقىپ كېلەيلى!» دېدى. دالادا شۇ
ۋەقە بولدىكى، قابىل ئىنىسى ھابىلغا قول سېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى.
[9] پەرۋەردىگار قابىلغا: ئىنىڭ ھابىل نەدە؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب
بېرىپ: بىلمەيمەن، مەن ئىنىمنىڭ باققۇچىسىمۇ؟ ــ دېدى.
[10] خۇدا ئۇنىڭغا: ــ سەن نېمە قىلدىڭ؟ مانا، ئىنىڭنىڭ قېنى يەردىن

3:4 **«بېكىتىلگەن شۇنداق بىر ۋاقىت** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزگە قارىغاندا، خۇدا ھابىل ۋە قابىلغا ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغان بىر كۈننى بېكىتىپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

4:4 **«ئۆلارنىڭ يېغى»** ــ قويلارنىڭ ئەڭ ئېسىل قىسمى دەپ قارىلاتتى. **«پەرۋەردىگار ھابىلنى ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەسىگە قارىدى».

**4:4** ئىبر. 4:11.

7:4 **«ئەگەر دۇرۇس ئىش قىلساڭ، سەن كۆتۈرۈلمەمسەن؟»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئەگەر دۇرۇس ئىش قىلساڭ، كۆتۈرۈلۈش بولمامدۇ؟» دېيىلىدۇ. ئەمدى نېمە كۆتۈرۈلىدۇ؟ ياكى قابىلنىڭ يۈزى ياكى ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىقى (توغرا بولسا) كۆتۈرۈلىدۇ ياكى قوبۇل قىلىنىدۇ. يەنە بىر مۇمكىنچىلىكى بار تەرجىمىسى شۇكى: ــ «سەن (قابىل) ئىنىڭدىن يۇقىرى (ئاكا سۈپىتىگە لايىق كۆتۈرىلىسەن» دېگەندەك بولىدۇ. **«دۇرۇس ئىش قىلمىساڭ...»** ــ نېمىشقا قابىلنىڭ ھەدىيەسى قوبۇل قىلىنمىدى؟ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

8:4 **«قابىل ئىنىسى ھابىلغا: «دالىغا چىقىپ كېلەيلى!» دېدى»** ــ ئەڭ كونا كۆچۈرمىلەردە پەقەت «قابىل ئىنىسى ھابىل بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇپ، دالادا...» دېيىلىدۇ.

**8:4** مات. 35:23؛ 1يۇھ. 12:3؛ يەھ. 11.

ماڭا پەرياد كۆتۈرۈۋاتىدۇ! 11 ئەمدى ئىنىڭنىڭ قولۇڭدا تۆكۈلگەن قېنىنى
قوبۇل قىلىشقا ئاغزىنى ئاچقان يەردىن قوغلىنىپ، لەنەتكە ئۇچرايس
ەن. 12 سەن يەرگە ئىشلىسەڭمۇ ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا قۇۋۋىتىنى
بەرمەيدۇ؛ سەن يەر يۈزىدە سەرسان بولۇپ، سەرگەردان بولىسەن، ــ دېدى.
13 بۇنى ئاڭلاپ قابىل پەرۋەردىگارغا جاۋاب قىلىپ: ــ مېنىڭ بۇ
جازايىمنى ئادەم كۆتۈرەلمىگۈدەك! 14 مانا، سەن بۈگۈن مېنى يەر يۈزىدىن
قوغلىدىڭ، مەن ئەمدى سېنىڭ يۈزۈڭدىن يوشۇرۇنۇپ يۈرىمەن؛ يەر
يۈزىدە سەرسەن بولۇپ سەرگەردانلىقتا يۈرىمەن؛ شۇنداق بولىدۇكى،
كىملا مېنى تېپىۋالسا، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!، ــ دېدى.
15 لېكىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ شۇنداق بولىدۇكى،
كىمكى قابىلنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭدىن يەتتە ھەسسە ئىنتىقام ئېلىنىدۇ،
ــ دېدى. شۇلارنى دەپ پەرۋەردىگار قابىلغا ئۇچرىغان بىرسى ئۇنى
ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا بىر بەلگە قويۇپ قويدى.
16 شۇنىڭ بىلەن قابىل پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ، ئېرەمنىڭ
مەشرىق تەرىپىدىكى نود دېگەن يۇرتتا ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

## قابىلنىڭ ئەۋلادلىرى ــ «مەدەنىيەت»نىڭ باشلىنىشى

17 قابىل ئايالى بىلەن بىللە بولۇپ، ئايالى ھامىلىدار بولۇپ ھانوخنى
تۇغدى. ئۇ ۋاقىتتا قابىل بىر شەھەر بىنا قىلىۋاتاتتى؛ ئۇ شەھەرنىڭ

---

**10:4** ئىبر. 24:12.

**11:4 «ئاغزىنى ئاچقان يەردىن قوغلىنىپ...»** ــ دېمەك: (1) يەر-زېمىن ھابىلنىڭ قېنىنى قوبۇل قىلىشقا ئاغزىنى ئاچقان ۋە (2) قابىل شۇ زېمىندىن قوغلانغان.

**12:4** پەند. 17:28.

**14:4 «كىملا مېنى تېپىۋالسا، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!»** ــ روشەنكى، شۇ ۋاقىتتا يەر يۈزىدە ئادەملەر ئاللىقاچان كۆپىيىپ كەتكەندى.

—«كىملا مېنى تېپىۋالسا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!» ــ قابىل قەيەرگىلا بارسا شۇ يەردىكى تۇپراق ئۇنىڭغا قارشى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن پەرياد قىلىدىغاندەك بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ ئەندىشىسى بولۇپ قالدۇ. ئۇ مېڭىۋاتقان بىر ئايەتتۇر، شۇڭا ئۇنى كۆرگەنلا كىشى ئۇنى يوقىتىشنى ئويلايدۇ.

**14:4** ئايۇپ 20:15، 21.

**16:4 «نود»** ــ مەنىسى «سەرگەردانلىق»، «بىئاراملىق».

**ناملىنى ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن ھانوخ دەپ ئاتىدى. [18] ھانوختىن ئىراد**
**تۆرەلدى، ئىرادتىن مەھۇيائىل تۆرەلدى، مەھۇيائىلدىن مەتۇشائىل**
**تۆرەلدى، مەتۇشائىلدىن لەمەخ تۆرەلدى.**
**[19] لەمەخ ئۆزىگە ئىككى خوتۇن ئالدى. بىرىنىڭ ئىسمى ئاداھ،**
**يەنە بىرىنىڭ ئىسمى زىللاھ ئىدى. [20] ئاداھ يابالنى تۇغدى. ئۇ**
**چېدىردا ئولتۇرىدىغان كۆچمەن مالچىلارنىڭ بوۋىسى ئىدى.**
**[21] ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى يۇبال ئىدى. بۇ چىلتار بىلەن نەي**
**چالغۇچىلارنىڭ بوۋىسى ئىدى. [22] زىللاھ يەنە تۇبال-قايىن دېگەن**
**بىر ئوغۇلنى تۇغدى. ئۇ مىس-تۆمۈر ئەسۋابلارنى سوققۇچى ئىدى.**
**تۇبال-قايىننىڭ نائاماھ ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار ئىدى.**
**[23] لەمەخ بولسا ئاياللىرىغا سۆز قىلىپ:**

**«ئەي ئاداھ بىلەن زىللاھ، سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار!**
**ئەي لەمەخنىڭ ئاياللىرى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار!**
**مېنى زەخىملەندۈرگىنى ئۈچۈن مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم،**
**تېنىمنى زېدە قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر يىگىتنى ئۆلتۈردۈم.**
**[24] ئەگەر قابىل ئۈچۈن يەتتە ھەسسە ئىنتىقام ئېلىنسا،**
**لەمەخ ئۈچۈن يەتمىش يەتتە ھەسسە ئىنتىقام ئېلىنىدۇ!» ــ دېدى.**

---

17:4 **«قابىلنىڭ ئايالى»** ــ قابىلنىڭ ئايالى بەلكىم ئۇنىڭ سىڭلىسى ياكى نەۋرە سىڭلىسى بولسا كېرەك («يار.» 4:5نى كۆرۈڭ). شۇ ۋاقىتتا يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنغان ئەمەس؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق نىكاھلىنىش دەسلەپكى دەۋرلەردە ھېچقانداق ئىرقىي (گېنېتىكىلىك) كەمتۈكلۈك ياكى كېسەل كەلتۈرۈپ چىقارمايتتى.

19:4 **«لەمەخ ئۆزىگە ئىككى خوتۇن ئالدى»** ــ بۇ ئەرلەرنىڭ تۇنجى قېتىم ئىككى ئايال ئېلىشى ئىدى. گەرچە شۇ چاغدا خۇدا بۇ توغرۇلۇق بىۋاستە ئەمر بەرمىگەن بولسىمۇ، روشەنكى، ئۇ ئادەمئاتىمىزغا پەقەت بىر ھاۋائانىمىزنى يارىتىپ بەرگەنىدى («مات.» 3:19-6نى كۆرۈڭ).

20:4 **«بوۋىسى»** ــ ياكى «پىرى»، «ئاساسچىسى»

21:4 **«ئېنوش»** ــ ياكى «پىرى»، «ئاساسچىسى».

24:4 **«لەمەخ بولسا ئاياللىرىغا سۆز قىلىپ... دېدى»** ــ لەمەخنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ خاتىرىلىنىشىدىكى مەقسەت بەلكىم ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمەن ناھايىتى تەكەببۇرلىشىپ، مەنمەنچىلىككە پېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.

**24:4** يار. 15:4.

## شىت بىلەن ئېنوش

25 ئادەمئاتا يەنە ئايالى بىلەن بىللە بولدى. ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپ،
ئۇنىڭغا شىت دەپ ئات قويۇپ: قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنى ئۈچۈن
خۇدا ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭا باشقا بىر ئەۋلاد تىكلەپ بەردى، دېدى.
26 شىتتىنمۇ بىر ئوغۇل تۇغۇلدى؛ ئۇ ئۇنىڭغا ئېنوش دەپ ئات
قويدى. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئادەملەر پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا نىدا
قىلىشقا باشلىدى.

## ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرى ـ نۇھ پەيغەمبەرگىچە

1تار. 1:1-27

5 1 بۇ ئادەمئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسىدۇر: ـ
خۇدا ئىنساننى ياراتقان كۈندە، ئۇنى ئۆزىگە ئوخشاش قىلىپ يارا
تتى. 2 ئۇ ئۇلارنى ئەر جىنىس ۋە ئايال جىنىس قىلىپ يارىتىپ، ئۇلارغا
بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىپ، يارىتىلغان كۈندە ئۇلارنىڭ نامىنى

---

25:4 **«شىت»** ــ ئىبرانىي تىلدا «بېكىتىلگەن» ياكى «تىكلەنگەن» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن
26:4 **«ئېنوش»** ــ «(ئاجىز) ئىنسان» دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ «ئىنسان» بولۇپ قالغان.
ــ «ئادەملەر پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا نىدا قىلىشقا باشلىدى» ــ بۇ ئىبارە خۇداغا ئىبادەت-دۇئا قىلىشنى بىلدۈرىدۇ («يوئېل» 32:2، «روس.» 21:2، «رىم.» 13:10، «1كور.» 2:1نى كۆرۈڭ).
1:5 **«بۇ ئادەمئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسىدۇر»** ــ مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ ئىككىنچى «تولدوت»ى («تارىخى»)، يەنى «ئادەمئاتىنىڭ تولدوتى» («ئادەمئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسى») (1:5-8:6) باشلىنىدۇ («تولدوت» توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»نى كۆرۈڭ). **«بۇ ئادەمئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسىدۇر»** ــ مۇشۇ جۈملە يەنە كېلىپ بەلكىم ئادەمئاتا ئۆزى خاتىرىلەپ قالدۇرغان قىسمىنىڭ خاتىمىسى بولۇشى مۇمكىن ۋە كىتابنىڭ يېڭى بىر قىسمىنىڭ، يەنى 3-قىسمىنىڭ باشلىنىشىدۇر (1:5-8:6).
**1:5** يار. 1:26؛ 6:9؛ 1كور. 7:11.

«ئادەم» دەپ ئاتىدى.
[3] ئادەمئاتا بىر يۈز ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئوخشايدىغان،
ئۆز سۈرەت-ئوبرازىدەك بىر ئوغۇل تۆرەلدى؛ ئۇ ئۇنىڭغا شېت دەپ ئات
قويدى. [4] شېت تۇغۇلغاندىن كېيىن ئادەمئاتا سەككىز يۈز يىل ئۆمۈر
كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [5] ئادەمئاتىمىز جەمئىي
توققۇز يۈز ئوتتۇز يىل كۈن كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى.
[6] شېت بىر يۈز بەش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن ئېنوش تۆرەلدى. [7] ئېنوش
تۇغۇلغاندىن كېيىن شېت سەككىز يۈز يەتتە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن
يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [8] شېت جەمئىي توققۇز يۈز ئون ئىككى يىل
كۈن كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى. [9] ئېنوش توقسان ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن
كېنان تۆرەلدى. [10] كېنان تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئېنوش سەككىز يۈز ئون
بەش يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [11] ئېنوش
جەمئىي توققۇز يۈز بەش يىل كۈن كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى.
[12] كېنان يەتمىش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن ماھالالېل تۆرەلدى.
[13] ماھالالېل تۇغۇلغاندىن كېيىن كېنان سەككىز يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر
كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [14] كېنان جەمئىي توققۇز
يۈز ئون يىل كۈن كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى.
[15] ماھالالېل ئاتمىش بەش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن يارەد تۆرەلدى.
[16] يارەد تۇغۇلغاندىن كېيىن ماھالالېل سەككىز يۈز ئوتتۇز يىل ئۆمۈر
كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [17] ماھالالېل جەمئىي

**2:5 «ئۇلارنى ئەر جىنس ۋە ئايال جىنس قىلىپ يارىتىپ،...»** — 1-ئايەتتە ئىنسان «ئۇنى» دېيىلىدۇ؛ 2-ئايەتتە «ئۇلارنى» دېيىلىدۇ. دېمەك، 1-ئايەتتە ئەر-ئايالنىڭ بىر گەۋدە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ؛ شۇڭا ئىنسان «ئۇ» دېيىلىدۇ.

**2:5** يار. 26:1؛ مات. 4:19؛ مار. 6:10.

**4:5 «شېت تۇغۇلغاندىن كېيىن ئادەمئاتا سەككىز يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ...»** — ئىبرانىي تىلىدا «شېت تۇغۇلغاندىن كېيىن ئادەمئاتىنىڭ كۈنلىرى سەككىز يۈز يىل بولدى». بۇ بابتىكى ئوخشاش شەكىللىك جۈملىلەرنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى شەكلى شۇنداق.

**4:5** 1تار. 1:1.

**6:5** يار. 26:4.

**9:5** 1تار. 2:1.

سەككىز يۈز توقسان بەش يىل كۈن كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى.
[18] يارەد بىر يۈز ئاتمىش ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن ھانوخ تۆرەل
دى. [19] ھانوخ تۇغۇلغاندىن كېيىن يارەد سەككىز يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ،
ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [20] يارەد جەمئىي توققۇز يۈز
ئاتمىش ئىككى يىل كۈن كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى.
[21] ھانوخ ئاتمىش بەش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن مەتۇشەلاھ تۆرەلدى.
[22] مەتۇشەلاھ تۇغۇلغاندىن كېيىن ھانوخ ئۈچ يۈز يىلغىچە خۇدا بىلەن
بىر يولدا مېڭىپ، يەنە ئوغۇل-قىزلارنى تاپتى. [23] ھانوخنىڭ يەر يۈزىدە
بارلىق كۆرگەن كۈنلىرى ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش يىل بولدى؛ [24] ئۇ خۇدا
بىلەن بىر يولدا مېڭىپ ياشايتتى؛ ئۇ تۇيۇقسىز كۆزدىن غايىب
بولدى؛ چۈنكى خۇدا ئۇنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كەتكەنىدى.
[25] مەتۇشەلاھ بىر يۈز سەكسەن يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن لەمەخ
تۆرەلدى. [26] لەمەخ تۇغۇلغاندىن كېيىن مەتۇشەلاھ يەتتە يۈز سەكسەن
ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [27] مەتۇشەلاھ
جەمئىي توققۇز يۈز ئاتمىش توققۇز يىل كۈن كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى.
[28-29] لەمەخ بىر يۈز سەكسەن ئىككى ياشقا كىرگەندە بىر ئوغۇل تېپىپ،
ئۇنىڭ ئىسمىنى نۇھ ئاتاپ: ــ پەرۋەردىگار تۇپراققا لەنەت قىلدى؛ شۇڭا بىز
يەرگە ئىشلىگىنىمىزدە ھەمدە قوللىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدە بۇ

---

**18:5** 1تار. 3:1.

**21:5** يەھ. 14.

**22:5** ئىبر. 5:11.

24:5 **«ھانوخ... خۇدا بىلەن بىر يولدا مېڭىپ ياشايتتى»** ــ ھانوخ بولسا پەيغەمبەر ئىدى؛ ئۇ خۇدانىڭ چۈشۈرىدىغان جازالىرى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇراتتى («يەھ.» 14-ئايەتنى كۆرۈڭ). «ئىبر.» 11:5نىمۇ كۆرۈڭ.

—ئۇنىڭ ئوغلىنى «مەتۇشەلاھ» دەپ ئاتىشى بەلكىم بېشارەت بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى «مەتۇشەلاھ»نىڭ مەنىسى «ئۇ ئۆلگەندە، (شۇ ئىش) بارلىققا كېلىدۇ!» دېگەن مەندە. ئوقۇرمەنلەر ھېسابلاپ كۆرسە، مەتۇشەلاھ ئۆلگەن يىلى خۇدانىڭ جازاسى بولغان توپان ئاپتى يەر يۈزىگە چۈشكەنلىكىنى بىلىدۇ.

**24:5** ئىبر. 5:11.

بالا بىرگە تەسەللى بېرىدۇ، ــ دېدى. [30] نۇھ تۇغۇلغاندىن كېيىن لەمەخ بەش يۈز توقسان بەش يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [31] لەمەخ جەمئىي يەتتە يۈز يەتمىش يەتتە يىل كۈن كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى.
[32] نۇھ بەش يۈز ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن شەم، هام ۋە يافەت تۆرەلدى.

## خۇدانىڭ ئىنسانلارنىڭ رەزىللىكىدىن ئازابلىنىشى

6 [1] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئىنسانلار يەر يۈزىدە كۆپىيىشكە باشلىغاندا، شۇنداقلا قىزلارمۇ كۆپلەپ تۇغۇلغاندا، [2] خۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئىنسانلارنىڭ قىزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، خالىغانچە تاللاپ، ئۆزلىرىگە خوتۇن قىلىشقا باشلىدى.
[3] ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار سۆز قىلىپ: ــ
مېنىڭ روهىم ئىنسانلار بىلەن مەڭگۈ كۈرەش قىلىۋەرمەيدۇ؛ چۈنكى ئىنسان ئەتتۇر، خالاس. كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئۆمرى پەقەت بىر يۈز يىگىرمە ياشتىن ئاشمىسۇن! ــ دېدى.

---

28:5-29 **«نۇھ»** ــ بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى «ئارام» دېگەنلىك بولۇپ، ئىبرانىي تىلدا «تەسەللى» دېگەن سۆزگە يېقىن كېلىدۇ.
2:6 **«خۇدانىڭ ئوغۇللىرى»** ــ بۇ توغرۇلۇق تۆت خىل چۈشەنچە بار: ــ
—(1) ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئەرشتىكى بىر خىل زاتلار، پەرىشتىلەر ياكى روهلاردىن ئىبارەتتۇر.
—(2) ئىنسان ئەمەس، بەلكى جىنلار ياكى يامان روهلاردىن ئىبارەتتۇر.
—(3) هەر جەمەتتىن ئادەتتىكى ئىنسانلاردىن يۇقىرى ئادەملەر، پادىشاھ ياكى هۆكۈمدار.
—(4) قابىلنىڭ خۇداسىز ئەۋلادلىرىدەك ئەمەس، بەلكى خۇدا يولىدا ماڭىدىغان شىتنىڭ ئىخلاسمەن ئەۋلادلىرىدۇر.
—بىز بىرىنچى كۆزقاراشتا بولىمىز؛ «ئايۇپ» 6:1، 1:2، 7:38نى كۆرۈڭ. بۇنىڭ سەۋەبىنى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بېرىمىز.
2:6 يەھ. 6-7
3:6 **«ئىنسان ئەتتۇر»** ــ «ئەت» دېگەن ئىبارە (ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا ئىبارىلەر) ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك هالدا تىلغا ئېلىنغاندا، دائىم دېگۈدەك ئىنسانلارنىڭ گۇناھقا ئەسىر بولۇپ قېلىشىنى، يەنى ئۆز ئىچىدىكى هەۋەس-ئىشتىياقلىرىغا ئەسىر بولۇپ قېلىشىنى تەكىتلەيدۇ. «ئەت» دېگەن سۆز مۇقەددەس كىتابتا مۇشۇ يەردە بىرىنچى قېتىم ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى كۆرسەتكەن. «رىملىقلارغا»دىكى كىرىش سۆزنىمۇ كۆرۈڭ. **«مېنىڭ روهىم ئىنسانلار بىلەن مەڭگۈ كۈرەش قىلىۋەرمەيدۇ»** ــ بۇ جۈملىنىڭ باشقا بىرخىل

4 شۇ كۈنلەردە (ۋە شۇنداقلا كېيىنكى كۈنلەردىمۇ)، خۇدانىڭ
ئوغۇللىرى ئىنسانلارنىڭ قىزلىرىنىڭ يېنىغا بىرىپ، ئۇلاردىن
باللىرى تاپقىنىدا، گىگانتلار يەر يۈزىدە پەيدا بولدى. بۇلار بولسا
قەدىمكى زامانلاردىكى داڭلىق پالۋان-باتۇرلار ئىدى. 5 پەرۋەردىگار
ئىنساننىڭ ئۆتكۈزۈۋاتقان رەزىللىكى يەر يۈزىدە كۆپىيىپ
كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى نىيەتلىرىنىڭ ھەرقاچان
يامان بولۇۋاتقىنىنى كۆردى. 6 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار يەر
يۈزىدە ئادەمنى ئاپىرىدە قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، كۆڭلىدە
ئازابلاندى. 7 بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار: ــ
ئۆزۈم ياراتقان ئىنساننى يەر يۈزىدىن يوقىتىمەن ــ ئىنساندىن
تارتىپ مال-چارۋىلارغىچە، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلاردىن ئاسماندىكى
قۇشلارغىچە، ھەممىسىنى يوق قىلىمەن؛ چۈنكى مەن ئۇلارنى
ياراتقىنىمغا پۇشايمەن قىلدىم، ــ دېدى.
8 لېكىن نۇھ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە شەپقەت تاپقانىدى.

## نۇھنىڭ كېمە ياسىشى

---

تەرجىمىسى: «مېنىڭ روھىم ئىنسانلار بىلەن مەڭگۈ ياشاۋەرمەيدۇ». لېكىن بىزنىڭچە خۇدا بۇ ئايەتتە ئۆز روھىنىڭ ئادەمنىڭ گۇناھىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋىجدانىدا كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن بولۇشى كېرەك؛ بۇ تەرجىمىنى ئالدى-كەينىدىكى بايانلارغا ئەڭ مۇۋاپىق تەرجىمە دەپ قارايمىز. خۇدا ئادەمنىڭ گۇناھلىرىغا چەك قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆمرىگە چەك (120 ياش) قويىدۇ («تېسالونىكالىقلارغا (2)»)دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

—ئوقۇرمەنلەر شۇنى بايقايدۇكى، نۇھتىن ئىلگىرى ئادەملەر بىرنەچچە يۈز يىل ياشايتتى.

—«كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئۆمرى پەقەت بىر يۈز يىگىرمە ياشتىن ئاشمىسۇن» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل چۈشەنچىسى: «بىراق ئۇلارغا يەنىلا بىر يۈز يىگىرمە يىل (توپان كەلگۈچە) ئۆمۈر بېرىمەن»

4:6 **«گىگانتلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نەفىلىم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «نەفىلىم» دېگەننىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى «يىقىلغانلار» بولۇشى مۇمكىن.

— **«داڭلىق پالۋان-باتۇرلار»** ــ ئۇلار گەرچە «پالۋان-باتۇرلار» بولسىمۇ، ئۇلار خۇدانىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن رەزىل ئىدى (5-ئايەتنى كۆرۈڭ).

5:6 **«ھەرقاچان»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «پۈتكۈل كۈنىدە».

**5:6** يار. 21:8؛ ئايۇپ 16:15؛ پەند. 14:6؛ يەر. 9:17؛ مات. 19:15؛ رىم. 11،12،13:3؛ 6:8.

**9 نۇھ ۋە ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى تۆۋەندىكىچە: ــ**
**نۇھ ھەققانىي، ئۆز دەۋرىدىكىلەر ئارىسىدا ئەيىبسىز ئادەم ئىدى؛ نۇھ**
**خۇدا بىلەن بىر يولدا مېڭىپ ياشايتتى. 10 نۇھتىن شەم، ھام، يافەت**
**دېگەن ئۈچ ئوغۇل تۆرەلدى.**
**11 يەر يۈزى خۇدانىڭ ئالدىدا رەزىللىشىپ، ھەممە يەر**
**زوراۋانلىققا تولۇپ كەتكەنىدى. 12 خۇدا يەر يۈزىگە نەزەر سېلىۋىدى،**
**مانا، جاھان رەزىللەشكەنىدى؛ چۈنكى بارلىق ئەت ئىگىلىرىنىڭ**
**يەر يۈزىدە قىلىۋاتقىنى يۈزۈقچىلىق ئىدى. 13 شۇنىڭ بىلەن خۇدا**
**نۇھقا: ــ**
**مانا، ئالدىمغا بارلىق ئەت ئىگىلىرىنىڭ زاۋاللىقى يېتىپ كەلدى؛**
**چۈنكى يەر يۈزى يەر-جاھاننى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن زوراۋانلىق**
**قاپلىدى. مانا، مەن ئۇلارنى يەر بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلىمەن.**
**14 ئەمدى سەن ئۆزۈڭگە گوفەر ياغىچىدىن بىر كېمە ياساپ،**
**كېمىنىڭ ئىچىدە بۆلمە-خانىلارنى قىلىپ، ئىچى-تېشىنى**
**قارىماي بىلەن سۇۋا. 15 سەن ئۇنى شۇنداق ياسىغىن: ــ ئۇزۇنلۇقى**
**ئۈچ يۈز گەز، كەڭلىكى ئەللىك گەز ۋە ئېگىزلىكى ئوتتۇز گەز بو**

---

9:6 **«نۇھ ۋە ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى تۆۋەندىكىچە: ــ»** ــ مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ ئۈچىنچى «تولىدوت»ى («تارىخى»)، يەنى «نۇھنىڭ تارىخى» ياكى «نۇھنىڭ تولىدوتى» (9:6-29:9) باشلىنىدۇ («تولىدوت» توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»نى كۆرۈڭ).

9:6 يار. 5:22.

12:6 **«ئەت ئىگىلىرى»** ــ بۇ ئىبارە مۇقەددەس كىتابتا ئادەتتە ئىنسانلارنى كۆرسىتىدۇ (6:3نىڭ ئىزاھاتىنىمۇ كۆرۈڭ).

—بەزى ۋاقىتلاردا «ئەت ئىگىلىرى» (مەسىلەن، 19-ئايەتتە) ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (6:4نى كۆرۈڭ).

—**«بارلىق ئەت ئىگىلىرىنىڭ ... قىلىۋاتقىنى يۈزۈقچىلىق ئىدى»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «بارلىق ئەت ئىگىلىرى... ئۆز يولىنى بۇزغانىدى».

14:6 **«گوفەر ياغىچى»** ــ ياكى «ئارچا ياغىچى». **«كېمە»** ــ مۇشۇ يەردە «ساندۇق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى ۋە بۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان نىسبىتى ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ چوڭ كېمىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن شەكلى پەقەت ساندۇقتەك ئىدى. سەۋەبى، شۇ كېمىنىڭ مەقستى دېڭىزدا مېڭىش ئەمەس، پەقەت لەيلەپ يۈرەشتىن ئىبارەت ئىدى.

لسۇن. 16 كېمىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىغا بىر ئوچۇقچىلىق ياسا،
ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بىر گەز بولسۇن؛ ئىشىكىنى كېمىنىڭ يېنىغا
ئورۇنلاشتۇر؛ كېمىنى ئاستى، ئوتتۇرا ۋە ئۈستى قىلىپ ئۈچ قەۋەت
ياسا.
17 چۈنكى مانا، مەن ئۆزۈم ئاسماننىڭ ئاستىدىكى ھاياتلىق
تىنىقى بارلىكى ھەربىر ئەت ئىگىسىنى ھالاك قىلىدىغان سۇ
توپانىنى يەر يۈزىگە كەلتۈرىمەن؛ بۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى بارلىق
مەخلۇقلار تىنىقىدىن توختايدۇ. 18 لېكىن سەن بىلەن ئەھدەمنى
تۈزىمەن. سەن ئۆزۈڭ، ئوغۇللىرىڭ، ئايالىڭ ۋە كېلىنلىرىڭنى
ئېلىپ بىرلىكتە كېمىگە كىرىڭلار. 19 ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ تىرىك
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بارلىق جاندارلاردىن ھەرقايسىسىدىن بىر
جۈپ، يەنى ئەركىكىدىن بىرىنى، چىشىدىن بىرىنى كېمىگە ئېلىپ
كىرگىن؛ 20 تىرىك قېلىش ئۈچۈن قۇشلارنىڭ ھەربىر تۈرلىرىدىن، مال-
چارۋىلارنىڭ ھەربىر تۈرلىرىدىن ۋە يەردە ئۆمىلىگۈچى جانىۋارلارنىڭ
ھەربىر تۈرلىرىدىن بىر جۈپى قېشىڭغا كىرىدۇ. 21 ئۆزۈڭ ۋە ئۇلارنىڭ
ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن ھەرخىل يېمەكلىكلەردىن ئېلىپ، يېنىڭغا
غەملىگىن، ــ دېدى.
22 نۇھ شۇنداق قىلدى؛ خۇدا ئۆزىگە بۇيرۇغان ھەممە ئىشنى ئۇ بەجا
كەلتۈردى.

## توپان بالاسى

---

15:6 **«گەز»** ــ مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز» ئادەمنىڭ قولنىڭ جەينەكتىن بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقى (تەخمىنەن 45 سانتىمېتر) ئىدى.

16:6 **«كېمىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىغا بىر ئوچۇقچىلىق ياسا»** ــ بۇ جۈملىنىڭ كۆپ خىل تەرجىمىلىرى بار، لېكىن ئاساسىي مەنىسى ئوخشاش.

18:6 1پېت. 20:3؛ 2پېت. 5:2.

19:6 **«بارلىق جاندارلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئەت ئىگىلىرىدىن».

—بەزى ۋاقىتلاردا «ئەت ئىگىلىرى» (مەسىلەن، 15:7دە) ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

22:6 يار. 5:7؛ ئىبر. 7:11.

7 [1]پەرۋەردىگار نۇھقا مۇنداق دېدى: ــ
«سەن پۈتۈن ئۆيدىكىلىرىڭ بىلەن كېمىگە كىرگىن؛ چۈنكى
بۇ دەۋردە ئالدىمدا سېنى ھەققانىي دەپ كۆردۈم. [2-3]ھەممە ھالال
ھايۋانلارنىڭ ئەركەك-چىشىسىدىن يەتتە جۈپتىن، ھارام ھايۋانلارنىڭ
ئەركەك-چىشىسىدىن بىر جۈپتىن ئېلىپ، شۇنىڭدەك ئاسماندىكى
ئۇچار-قاناتلارنىڭمۇ ئەركەك-چىشىسىدىن يەتتە جۈپتىن ئېلىپ،
ئۇلارنىڭ نەسلىنى پۈتكۈل يەر يۈزىدە تىرىك ساقلاش ئۈچۈن ئۆزۈڭ
بىلەن بىللە ئەكىر. [4]چۈنكى يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇدا قىرىق
كېچە-كۈندۈز يەر يۈزىگە يامغۇر ياغدۇرىمەن؛ ئۆزۈم ياسىغان ھەممە
جانىۋارلارنى يەر يۈزىدىن يوقىتىمەن».
[5]شۇنىڭ بىلەن نۇھ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىنىڭ ھەممىسىگە
ئەمەل قىلدى. [6]يەر يۈزىنى توپان باسقاندا نۇھ ئالتە يۈز ياشتا ئىدى.
[7]توپاندىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن نۇھ بىلەن ئوغۇللىرى، ئايالى ۋە
كېلىنلىرى بىللە كېمىگە كىردى. [8-9]ھالال ھايۋانلار بولسۇن، ھارام
ھايۋانلار بولسۇن، قۇشلار بىلەن يەردە ئۆمىلىگۈچى جانىۋارلار بولسۇن،
ھەربىر تۈردىن بىر جۈپ-بىر جۈپتىن ئەركەك-چىشى بولۇپ، خۇدا
نۇھقا بۇيرۇغاندەك كېمىگە، نۇھنىڭ قېشىغا كىردى. [10]ۋە شۇنداق
بولدىكى، يەتتە كۈندىن كېيىن، يەر يۈزىنى توپان بېسىشقا باشلىدى.
[11]نۇھنىڭ ئۆمرىنىڭ ئالتە يۈزىنچى يىلى، ئىككىنچى ئېيىنىڭ ئون
يەتتىنچى كۈنىدە چوڭقۇر دېڭىزلارنىڭ تەگلىرىدىكى بارلىق بۇلاقلار

**1:7** يار. 9:6؛ 2پېت. 5:2.

**3-2:7** **«ھەممە ھالال ھايۋانلارنىڭ ئەركەك-چىشىسىدىن يەتتە جۈپتىن»** ــ ياكى «ھەممە ھالال ھايۋانلارنىڭ ئەركەك-چىشىسىدىن يەتتىدىن». **«ھالال» ۋە «ھارام»** ــ نۇھنىڭ دەۋرىدە «ھالال» ۋە «ھارام» دېگەن ئۇقۇم يېگىلى بولىدىغان ۋە يېگىلى بولمايدىغان ھايۋانلارنى كۆرسەتكەن ئەمەس (3:9-34نى كۆرۈڭ)، بەلكى قۇربانلىققا نىمىنى سۇنۇشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى (20:8نى كۆرۈڭ). **ئۇچار-قاناتلارنىڭمۇ ئەركەك-چىشىسىدىن «يەتتە جۈپتىن»** ــ ياكى «ئۇچار-قاناتلارنىڭمۇ ئەركەك-چىشىسىدىن يەتتىدىن».

**3-2:7** لاۋ. 11.

**5:7** يار. 22:6.

**7:7** مات. 38:24؛ لۇقا 27:17؛ 1پېت. 20:3.

يېرىلىپ، ئاسماننىڭ پەنجىرىلىرى ئېچىلىپ كەتتى. [12] يامغۇر ئۇدا قىرىق كېچە-كۈندۈز يەر يۈزىگە توختىماي ياغدى.

[13] دەل يامغۇر باشلانغان كۈنى، نۇھ، نۇھنىڭ شەم، هام، يافەت دېگەن ئوغۇللىرى، نۇھنىڭ ئايالى بىلەن ئۈچ كېلىنى كېمىگە كىردى. [14] ئۇلار بىلەن بىللە ھەرخىل ياۋا ھايۋانلار تۈر-تۈرى بويىچە، ھەرخىل مال-چارۋىلار تۈر-تۈرى بويىچە، يەردە ئۆمىلىگۈچى ھەرخىل جانىۋارلار تۈر-تۈرى بويىچە ۋە ھەرخىل ئۇچار-قاناتلار، يەنى ھەرخىل قاناتلىق جانىۋارلار تۈر-تۈرى بويىچە كېمىگە كىردى. [15] ئەت ئىگىلىرىدىن، يەنى بارلىق ھاياتلىق تىنىقى بولغان ھەرخىل جانىدارلاردىن، بىر جۈپ-بىر جۈپ بولۇپ، كېمىگە نۇھنىڭ قېشىغا كىردى. [16] كىرگەنلەر خۇدانىڭ نۇھقا بۇيرۇغىنىدەك ئەت ئىگىلىرىنىڭ ھەرتۈرىنىڭ ئەركەك-چىشىسى ئىدى. ئاندىن پەرۋەردىگار ئىشىكنى ئېتىۋەتتى.

[17] توپان يەر يۈزىنى ئۇدا قىرىق كۈن بېسىپ، سۇلار ئۇلغىيىپ كەتتى. كېمە يەر ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ لەيلەپ قالدى. [18] سۇ ئۇلغىيىپ، يەر ئۈستىدە تېخىمۇ ئېگىزلەپ كەتتى؛ كېمە سۇ ئۈستىدە داۋالغۇپ تۇراتتى. [19] سۇلار يەر يۈزىدە تولىمۇ ئۇلغىيىپ، پۈتكۈل ئاسماننىڭ ئاستىدىكى بارلىق ئېگىز تاغلارنىمۇ بېسىپ كەتتى. [20] سۇلار تاغلاردىن يەنە ئون بەش گەز ئۆرلەپ، تاغ چوققىلىرىمۇ سۇ ئاستىدا قالدى.

[21] بۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدە يۈرگۈچى ھەممە ئەت ئىگىلىرى، ئۇچار-قۇشلار، مال-چارۋىلار، ياۋايى ھايۋانلار، يەردە ئۆمىلىگۈچى ھەممە جانىۋارلار، جۈملىدىن پۈتكۈل ئادەملەر ھەممىسى ئۆلدى؛
[22] قۇرۇقلۇقتا ياشىغۇچى، بۇرنىدا ھاياتلىق تىنىقى بار بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. [23] يەر يۈزىدىكى جېنى بارلارنىڭ ھەممىسى، ئىنسان بولسۇن، مال-چارۋىلار بولسۇن، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار

**11:7 «چوڭقۇر دېڭىزلارنىڭ تەگلىرىدىكى بارلىق بۇلاقلار»** — ياكى «يەرنىڭ (ئاستىدىكى) چوڭقۇر تەگلىرىدىكى بارلىق بۇلاقلار».

**16:7 «پەرۋەردىگار ئىشىكنى ئېتىۋەتتى»** — ئىبرانىي تىلىدا «پەرۋەردىگار ئۇنى ئىچىگە سولاپ قويدى».

**21:7** لۇقا 27:17.

بولسۇن، ئاسماندىكى قۇشلار بولسۇن، ھەممىسى ھالاك بولۇپ يەر
يۈزىدىن يوق قىلىندى؛ پەقەت نۇھ ۋە كېمىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە
تۇرغانلار قۇتۇلۇپ قالدى. [24] بىر يۈز ئەللىك كۈنگىچە يەر يۈزىنى سۇ
بېسىپ تۇردى.

## توپاننىڭ يېنىشى

8 [1] خۇدا نۇھنى، شۇنداقلا كېمىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان
بارلىق ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بارلىق مال-چارۋىلارنى ئەسلىدى.
شۇنىڭ بىلەن خۇدا بىر شامال چىقىرىپ يەر يۈزىنى يەلپۈتتى ۋە سۇلار
يېنىشقا باشلىدى. [2] چوڭقۇر دېڭىزلارنىڭ تەگلىرىدىكى بۇلاقلار ۋە
ئاسماننىڭ پەنجىرىلىرى ئېتىلىپ، ئاسماندىن تۆكۈلگەن يامغۇر
توختىدى. [3] سۇلار بارغانسېرى يەر يۈزىدىن ياندى؛ بىر يۈز ئەللىك كۈن
ئۆتكەندىن كېيىن خېلى ئازلىدى.
[4] يەتتىنچى ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى، كېمە ئارارات تاغ
تىزمىلىرىدىكى بىرىنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالدى. [5] سۇلار ئونىنچى
ئايغىچە بارغانسېرى ئازىيىپ، ئونىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى تاغ
چوققىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.
[6] قىرىق كۈندىن كېيىن نۇھ كېمىگە ئۆزى ئورناتقان دەرىزىنى ئېچىپ،
[7] بىر قۇزغۇننى سىرتقا چىقاردى. ئۇ يەر يۈزىدىكى سۇلار تارتىلىپ
بولغۇچە ئۇيان-بۇيان ئۇچۇپ يۈردى. [8] ئۇنىڭدىن كېيىن نۇھ سۇلارنىڭ
يەر يۈزىدىن تارتىلغان-تارتىلمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، بىر
كەپتەرنى چىقاردى. [9] لېكىن سۇلار تېخىچە پۈتكۈل يەر يۈزىنى

23:7 2پېت. 5:2.

24:7 **«يەر يۈزىنى سۇ بېسىپ تۇردى»** ــ ياكى «سۇ يەر يۈزىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى».

24:7 زەب. 10:29؛ 93:1-4؛ 104:6-9

4:8 **«توختاپ قالدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «دەم ئالدى».

—«ئارارات تاغلىرى» شەرقىي تۈركىيەدە بولۇشى مۇمكىن.

8:8 **«كەپتەرنى»** ــ ياكى «پاختەك». ئىبرانىي تىلىدا بۇ قۇش «يونا» دەپ ئاتىلىدۇ. «يونا»
ئىبرانىي تىلىدا ھەم كەپتەرنى ھەم پاختەكنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قاپلاپ تۇرغاچقا، كەپتەر پۇتىنى قويغۇدەك جاي تاپالماي، نۇھنىڭ
قېشىغا كېمىگە يېنىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇھ قولىنى سۇنۇپ
ئۇنى تۇتۇپ، كېمىگە ئەكىرىۋالدى. 10 ئۇ يەتتە كۈن ساقلاپ، بۇ
كەپتەرنى كېمىدىن يەنە سىرتقا چىقاردى. 11 كەپتەر كەچتە ئۇنىڭ
قېشىغا يېنىپ كەلدى؛ مانا، ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا يېڭى ئۈزۈۋالغان
زەيتۇن يوپۇرمىقى بار ئىدى. بۇنى كۆرۈپ نۇھ سۇلارنىڭ يەر يۈزىدىن
تارتىلغىنىنى بىلدى. 12 ئۇ يەنە يەتتە كۈن ساقلاپ، كەپتەرنى يەنە
سىرتقا چىقاردى، ئەمما بۇ قېتىم كەپتەر ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ
كەلمىدى.
13 نۇھ ئالتە يۈز بىر ياشقا كىرگەن يىلى، بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى
كۈنىدە سۇ يەر يۈزىدىن قۇرۇغانىدى. نۇھ كېمىنىڭ قاپقىقىنى
ئېچىپ قارىۋىدى، يەرنىڭ قۇرۇغىنىنى كۆردى. 14 ئىككىنچى ئاينىڭ
يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى، يەر يۈزى پۈتۈنلەي قۇرۇپ بولدى.
15-16 ئۇ ۋاقىتتا خۇدا نۇھقا سۆز قىلىپ: — سەن ئۆزۈڭ، ئايالىڭ،
ئوغۇللىرىڭ ۋە كېلىنلىرىڭ كېمىدىن چىقىڭلار. 17 ئۆزۈڭ
بىلەن بىللە بولغان بارلىق ئەت ئىگىلىرىدىن ھەربىر تۈردىكى
جانىۋارلارنى، يەنى ئۇچار-قاناتلارنى ھەم مال-چارۋىلارنى، يەردە
ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ
كېمىدىن ئېلىپ چىققىن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەر يۈزىدە تارىلىپ-
تارقىلىپ، نەسىللىنىپ زېمىندا كۆپەيسۇن، — دېدى.
18 شۇنىڭ بىلەن نۇھ، ئايالى، ئوغۇللىرى ۋە كېلىنلىرى بىلەن بىللە
سىرتقا چىقتى. 19 جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى، بارلىق ئۆمىلىگۈچى
ھايۋانلار، بارلىق ئۇچار-قاناتلار، يەردە مىدىرلاپ يۈرىدىغانلارنىڭ
ھەرقايسىسى ئۆز تۈرلىرى بويىچە كېمىدىن چىقىشتى.

## نۇھنىڭ خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇنۇشى

20 شۇ چاغدا نۇھ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانگاھنى ياسىدى؛ ئۇ

**17:8** يار. 1:22، 28؛ 1:9.

ھالال جانىۋارلار بىلەن ھالال قۇشلارنىڭ ھەر تۈرىدىن ئېلىپ كېلىپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» ئۆتكۈزدى.[21] شۇنداق قىلىپ پەرۋەردىگار خۇشبۇي پۇراپ مەمنۇن بولدى؛ پەرۋەردىگار كۆڭلىدە: ــ «ئىنساننىڭ كۆڭۈل-نىيىتى ياشلىقىدىن تارتىپ رەزىل بولسىمۇ، مەن ئىنسان تۈپەيلىدىن يەرگە يەنە لەنەت ئوقۇمايمەن ۋە ئەمدى بۇ قېتىمقىدەك ھەممە جاندارلارنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىۋەتمەيمەن.
[22] بۇندىن كېيىن، يەر مەۋجۇت كۈنلىرىدە،
تېرىش بىلەن ئورما،
سوغۇق بىلەن ئىسسىق،
ياز بىلەن قىش،
كۈندۈز بىلەن كېچە ئۈزۈلمەي ئايلىنىپ تۇرىدۇ» ــ دېدى.

## خۇدانىڭ نۇھ بىلەن ئەھدە تۈزۈشى

9 [1] خۇدا نۇھ بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ
«سىلەر جۈپلىشىپ كۆپىيىپ، يەر يۈزىنى تولدۇرۇڭلار.[2] يەر

8:20 **«كۆيدۈرمە قۇربانلىق»** ــ سۆزنۈشتا ھايۋاننىڭ ھەممە قىسمى خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلىدۇ.
**8:20** لاۋ. 11.
**8:21 «خۇشبۇي»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئارام بەرگۈچى پۇراق» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تەۋراتتا قۇربانلىقلاردىن چىققان «خۇشبۇي» دېيىلگەندە ئادەتتە ««ئارام بەرگۈچى پۇراق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ياشلىقىدىن تارتىپ»** ــ ياكى «كىچىكىدىن تارتىپ». **«مەن ... يەرگە يەنە لەنەت ئوقۇمايمەن ۋە ئەمدى بۇ قېتىمقىدەك ھەممە جاندارلارنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىۋەتمەيمەن»** ــ ئاخىرقى زاماندا خۇدا پۈتكۈل يەرنى توپان بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوت بىلەن يوقىتىدۇ (9:11نى، «2پېت.» 3:6-7، «ۋەھ.» 21:1نى كۆرۈڭ).
**8:21** يار. 6:5؛ پەند. 22:15؛ مات. 15:19. مار. 7:21-23
**8:22 «تېرىش بىلەن ئورما، سوغۇق بىلەن ئىسسىق، ياز بىلەن قىش»** ــ ئوتتۇرا شەرقتە «يىلنىڭ ئالتە پەسلى» دەپ قارىلىدۇ.
**8:22** يەر. 33:25،20.
**9:1** يار. 1:28؛ 8:17.

يۈزىدىكى بارلىق جانىۋارلار، ئاسماندىكى بارلىق قۇشلار، بارلىق يەر
يۈزىدە مىدىرلاپ يۈرگۈچىلەر ۋە دېڭىزدىكى بارلىق بېلىقلارنىڭ
ھەممىسى سىلەردىن قورقۇپ ۋەھىمىدە بولسۇن؛ بۇلار قولۇڭلارغا
تاپشۇرۇلغاندۇر. 3 مىدىرلاپ يۈرىدىغان ھەرقانداق جانىۋارلار سىلەرگە
ئوزۇق بولىدۇ؛ مەن سىلەرگە كۆك ئوتياشلارنى بەرگەندەك، بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى ئەمدى سىلەرگە بەردىم. 4 لېكىن سىلەر گۆشنى ئىچىدىكى
جېنى، يەنى قېنى بىلەن قوشۇپ يېمەسلىكىڭلار كېرەك. 5 قېنىڭلار،
يەنى جېنىڭلاردىكى قان تۆكۈلسە، مەن بەرھەق ئۇنىڭ ھېسابىنى
ئالىمەن؛ ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئۆلىكىدە قېنىڭلار بار بولسا مەن ئۇنىڭغا
تۆلەتكۈزىمەن؛ ئىنساننىڭ قولىدا بار بولسا، يەنى بىرسىنىڭ قولىدا ئۆز
قېرىندىشىنىڭ قېنى بار بولسا، مەن ئۇنىڭغا شۇ قاننى تۆلەتكۈزىمەن.
6 كىمكى ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكسە،
ئۇنىڭ قېنىمۇ ئىنسان تەرىپىدىن تۆكۈلىدۇ؛
چۈنكى خۇدا ئىنساننى ئۆز سۈرەت-ئوبرازىدا ياراتقاندۇر.
7 ئەمدى سىلەر، جۈپلىشىپ كۆپىيىپ، يەر يۈزىدە تارىلىپ-تارقىلىپ
كۆپىيىڭلار».
8-9 ئاندىن خۇدا نۇھ بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا سۆز قىلىپ مۇنداق
دېدى: ــ «مانا ئۆزۈم سىلەر بىلەن ۋە سىلەردىن كېيىن كېلىدىغان
ئەۋلادلىرىڭلار بىلەن، شۇنداقلا سىلەر بىلەن بىللە تۇرغان ھەربىر جان
ئىگىسى، ئۇچارقاناتلار، مال-چارۋىلار، سىلەر بىلەن بىللە تۇرغان يەر
يۈزىدىكى ھەربىر ياۋايى ھايۋانلار، كېمىدىن چىققانلارنىڭ ھەممىسى
بىلەن ــ يەر يۈزىدىكى ھېچبىر ھايۋاننى قالدۇرماي، ئۇلار بىلەن ئۆز
ئەھدەمنى تۈزىمەن 11 مەن سىلەر بىلەن شۇنداق ئەھدە تۈزىمەنكى،

**3:9** يار. 29:1.

**4:9** لاۋ. 17:3؛ 26:7؛ 14:17؛ 26:19؛ قان. 23:12.

**5:9** مىس. 12،28:21.

**6:9** يار. 27:1؛ يىغ. 13:4؛ مات. 52:26؛ ۋەھ. 10:13.

**7:9** يار. 28:1؛ 17:8.

**8:9-9** يەش. 9:54.

نە بارلىق ئەت ئىگىلىرى توپان بىلەن يوقىتىلماس، نە يەرنى ۋەيران قىلىدىغان ھېچبىر توپان يەنە كەلمەس».
[12-13] خۇدا يەنە: ــ «مەن ئۆزۈم سىلەر بىلەن ۋە قېشىڭلاردىكى ھەممە جان ئىگىلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك، يەنى پۈتكۈل ئەۋلادلىرىڭلارغىچە بېكىتكەن مۇشۇ ئەھدەمنىڭ بەلگىسى شۇكى: ــ مانا، مەن ئۆزۈم بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئەھدىنىڭ بەلگىسى بولسۇن دەپ ھەسەن-ھۈسەنىمنى بۇلۇتلار ئىچىگە قويىمەن؛ [14-15] ۋە شۇنداق بولىدۇكى، مەن يەرنىڭ ئۈستىگە بۇلۇتلارنى چىقارغىنىمدا، شۇنداقلا ھەسەن-ھۈسەن بۇلۇتلار ئىچىدە ئايان بولغىنىدا، مەن سىلەر بىلەن ئەت ئىگىلىرى بولغان بارلىق جانىۋارلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى ياد ئېتىمەن؛ بۇنىڭدىن كېيىن سۇلار ھەرگىز ھەممە جانىدارلارنى ھالاك قىلغۇچى توپان بولماس. [16] ھەسەن-ھۈسەن بۇلۇتلار ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ؛ مەن ئۇنىڭغا قارايمەن ۋە شۇنىڭ بىلەن مەنكى خۇدا يەر يۈزىدىكى ئەت ئىگىلىرى بولغان بارلىق جانىۋارلار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بېكىتكەن ئەھدەمنى ياد ئېتىمەن»، ــ دېدى.
[17] خۇدا نۇھقا يەنە: ــ «مانا بۇ مەن ئۆزۈم بىلەن يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدا بېكىتكەن ئەھدەمنىڭ نىشان-بەلگىسىدۇر»، ــ دېدى.

## نۇھ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى؛
## نۇھنىڭ ئۆز ئوغۇللىرى توغرۇلۇق بېشارىتى

[18] نۇھنىڭ كېمىدىن چىققان ئوغۇللىرى شەم، ھام ۋە يافەت ئىدى. ھام قانائاننىڭ ئاتىسى بولدى.
[19] بۇ ئۈچى نۇھنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، پۈتكۈل يەر يۈزىگە تارالغان ئاھالە شۇلارنىڭ نەسىل-ئەۋلادلىرىدۇر. [20] نۇھ تېرىقچىلىق قىلىشقا

11:9 **«ئەھدە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئەھدەم».
18:9 **«قانائان»** ــ مۇشۇ «قانائان» دېگەن كىشى «قانائانىيلار»نىڭ ئەجدادى ئىدى.
**18:9** يار. 10:6.

باشلاپ، بىر ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلدى. [21] ئۇ ئۈنىڭ شارابىدىن ئىچىپ،
مەست بولۇپ قېلىپ، ئۆز چېدىرى ئىچىدە كىيىم-كېچەكلىرىنى
سېلىۋېتىپ، يالىڭاچ يېتىپ قالدى. [22] قانائاننىڭ ئاتىسى هام كېلىپ،
ئاتىسىنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرۈپ، سىرتقا چىقىپ ئىككى قېرىندىشىغا
ئېيتتى. [23] شەم بىلەن يافەت قوپۇپ يېپىنچىنى ئېلىپ، مۈرىسىگە
ئارتىپ، كەينىچە مېڭىپ كىرىپ، ئاتىسىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى
يېپىپ قويدى. ئۇلار يۈزىنى ئالدى تەرەپكە قىلىپ، ئاتىسىنىڭ
يالىڭاچ تېنىگە قارىمىدى. [24] نۇھ شارابنىڭ كەيپىدىن ئويغىنىپ،
كەنجى ئوغلىنىڭ ئۆزىگە نېمە قىلغىنىنى بىلىپ: ــ
[25] قانائانغا لەنەت بولغاي!
ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ قۇلىنىڭ قۇلى بولسۇن، دەپ قارغىدى.
[26] ئۇ يەنە: ــ
شەمنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە
كەلتۈرۈلگەي!
قانائان شەمنىڭ قۇلى بولسۇن.
[27] خۇدا يافەتنى ئاۋۇتقاي!
ئۇ شەمنىڭ چېدىرلىرىدا تۇرغاي،
قانائان بولسا ئۇنىڭ قۇلى بولغاي! ــ دېدى.
[28] نۇھ توپاندىن كېيىن ئۈچ يۈز ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردى. [29] بۇ تەرىقىدە
نۇھ جەمئىي توققۇز يۈز ئەللىك يىل كۈن كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى.

---

20:9 **«تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلاپ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «تۇپراق ئەهلى ئىدى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

23:9 **«يېپىنچى»** ــ مۇشۇ يەردە بەلكىم ئاتىسىنىڭ كىيىمىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ سۆزدىن قارىغاندا، هام ئۇنى دادىسىنىڭ چېدىرىدىن ئېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

25:9 **«قانائانغا لەنەت بولغاي!»** ــ يامان ئىش قىلغىنى هام تۇرسا، نېمىشقا ئوغلى قانائان لەنەتكە قالدى؟ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق، شۇنداقلا نۇھ پەيغەمبەرنىڭ بۇ بېشارىتىنىڭ باشقا قىسىملىرى ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

27:9 **«نۇھ پەيغەمبەرنىڭ 52-72-ئايەتتىكى بېشارىتى»** ــ نۇھ پەيغەمبەرنىڭ بۇ بېشارىتى ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

## نۇھنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرى ـ «ئەللەرنىڭ نەسەبنامىسى»

1تار. 1:1-27

10 1 تۆۋەندىكىلەر نۇھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر: ـ
ئۇنىڭ ئوغۇللىرى شەم، هام ۋە يافەت بولۇپ، توپاندىن كېيىن
ئۇلاردىن ئوغۇللار تۆرەلگەن: ـ
2 يافەتنىڭ ئوغۇللىرى بولسا، گومەر، ماگوگ، ماداي، ياۋان، تۇبال،
مەشەك ۋە تىراس ئىدى.
3 گومەرنىڭ ئەۋلادلىرى: ئاشكىناز، رىفات ۋە توگارماھ ئىدى.
4 ياۋاننىڭ ئەۋلادلىرى: ئېلىشاھ، تارشىش، كىتتىيلار ۋە دودانىيلار
ئىدى. 5 بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دېڭىز بويلىرىدا ۋە ئاراللاردا ئايرىم-
ئايرىم ياشىغان خەلقلەر بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز تىلى، ئۆز ئائىلە-
قەبىلىلىرى بويىچە ئۆز زېمىنلىرىدا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان.
6 هامنىڭ ئوغۇللىرى كۇش، مىسىر، پۇت ۋە قانائانلار ئىدى.
7 كۇشنىڭ ئوغۇللىرى سېبا، هاۋىلاھ، سابتاھ، رائاماھ ۋە سابتىكا
ئىدى. رائاماھنىڭ ئوغۇللىرى شېبا ۋە دېدان ئىدى. 8 كۇشتىن

1:10 **«ئىزاھات»** ــ مۇشۇ بابتىكى نەسەبنامىدىكى بەزى تەپسىلاتلار ۋە نەسەبنامىدىكى يەتمىش ئەلنىڭ هازىرقى قايسى ئەل ئىكەنلىكى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك خەرىتىنى كۆرۈڭ. **«تۆۋەندىكىلەر نۇھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر: ــ »** ــ مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ تۆتىنچى «تولدوت»ى («تارىخى»)، يەنى «نۇھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تولدوتى» («نۇھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى») (1:10-9:11) باشلىنىدۇ.

**1:10** 1تار. 1:4

**2:10** 1تار. 1:5.

**4:10** **«بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى»** ــ بەزى ئالىملار «يافەتنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرى»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر پەقەت ياۋاننىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز ئىككىنچى پىكىرگە مايىل

**6:10** **«مىسىر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مىتسرائىم». **«پۇت»** ــ «لىۋىيە»دىكىلەرنىڭ ئەجدادى بولدى.

**6:10** 1تار. 1:8.

**يەنە نىمرود تۆرەلگەن؛ ئۇ يەر يۈزىدە ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر ئادەم**
**بولۇپ چىقتى. 9 ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كۈچتۈڭگۈر ئوۋچى**
**بولدى؛ شۇ سەۋەبتىن «پالانچى بولسا نىمرودتەك، پەرۋەردىگارنىڭ**
**ئالدىدا كۈچتۈڭگۈر ئوۋچى ئىكەن» دېگەن گەپ تارقالغان.**
**10 ئۇنىڭ پادىشاھلىقى شىنار زېمىنىدىكى بابىل، ئەرەك، ئاككاد**
**ۋە كالنەھ دېگەن شەھەرلەردە باشلانغانىدى. 11-12 ئۇ بۇ زېمىندىن**
**ئاشۇر زېمىنىغا چىقىپ نىنەۋە، رەھوبوت-ئىر، كالاھ ۋە نىنەۋە**
**بىلەن كالاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەسەن دېگەن شەھەرلەرنىمۇ**
**بىنا قىلدى (بۇلار قوشۇلۇپ «كاتتا شەھەر» بولدى).**

---

8:10 **«نىمرود»** ــ بۇ ئىسىم «ئاسىي» «ئىسيان كۆتۈرگۈچى» دېگەن مەنىدە. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا كېيىنرەك قويۇلۇپ، ئۇنىڭ خۇداغا قارشى چىققانلىقىنى كۆرسەتكەن.

**8:10** 1تار. 10:1.

9:10 **«ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كۈچتۈڭگۈر ئوۋچى بولدى»** ــ بۇ سۆزلەر بەلكىم نىمرودنىڭ ئىسمىنى چۈشەندۈرىدۇ. «ئوۋچى» مۇشۇ يەردە بەلكىم ھايۋانلارنىلا ئەمەس، ئىنسانلارنى ئوۋلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ بۇ يەردە «ئوۋچى» دېگەن سۆزنىڭ «جاھانگىر» دېگەن مەنىسىمۇ بار. كونا يەھۇدىي ئۇستازلار («راببىلار»)نىڭ ھەممىسى: «پەرۋەردىگار ئالدىدا كۈچتۈڭگۈر ئوۋچى بولدى» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ خۇداغا قارشى تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايتتى. چۈنكى نىمرود كېيىن بەرپا قىلغان شەھەرلەر، جۈملىدىن بابىل شەھىرى خۇدا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە قارشى چىققان، شۇنداقلا خۇداغا قارشى چىقىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. **«پالانچى بولسا نىمرودتەك، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كۈچتۈڭگۈر ئوۋچى ئىكەن»** ــ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئىنتايىن سەلبىي بولۇشى مۇمكىن: «ئۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئادەم»، «ناھايىتى تەكەببۇر بىر جاھانگىر»، «ھەتتا پەرۋەردىگارغا قارشى چىقىشقا پېتىنىدۇ» دېگەندەك مەنىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

10:10 **«شىنار»** ــ «بابىل» ياكى «بابىلون»نىڭ باشقا بىر نامىدۇر. **«ئايەتنىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى»** ــ «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاساسى شىنار زېمىنىدىكى بابىل، ئەرەك، ئاككاد ۋە كالنەھ دېگەن شەھەرلەر ئىدى».

12-11:10 **«ئاشۇر»** ــ يەنى «ئاسۇرىيە». مۇمكىنچىلىكى باركى، نىمرود بابىل شەھىرىدە خۇداغا قارشى بولغان ھەرىكەتكە باشلامچى بولغانىدى؛ شۇڭا كېيىن (ئىنسان تىللىرى قالايمىقانلاشتۇرۇلغاندا) ئۇ بابىل شەھىرىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

—«ئۇ بۇ زېمىندىن ئاشۇر زېمىنىغا چىقىپ» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئاشۇر شۇ زېمىندىن چىقىپ،...».

—**«بۇلار قوشۇلۇپ «كاتتا شەھەر» بولدى»** ــ دېمەك، نىنەۋە دېگەن «كاتتا شەھەر»نى كۆرسىتىدۇ («يۈن.» 1:1، 2:3، 3:3، 11:4نى كۆرۈڭ). چۈنكى كېيىنرەك، بۇ نىنەۋە، رەھوبوت-ئىر، كالاھ

13 مىسىرنىڭ ئەۋلادلىرى لۇدىيلار، ئانامىيلار، لەھابىيلار،
نافتۇھىيلار، 14 پاترۇسىيلار، كاسلۇھىيلار (فىلىستىيلەر
كاسلۇھىيلاردىن چىققان) ۋە كافتورىيلار ئىدى.
15 قانائاندىن تۇنجى ئوغۇل زىدون تۆرەلىپ، كېيىن يەنە ھەت تۆرەلگەن.
16 ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا يەبۇسىيلار، ئامورىيلار، گىرگاشىيلار،
17 ھىۋىيلار، ئارقىيلار، سىنىيلار، 18 ئارۋادىيلار، زەمارىيلار ۋە خاماتىيلار
ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قانائانىيلارنىڭ قەبىلىلىرى ھەر تەرەپكە
تارقىلىپ كەتتى. 19 قانائانىيلارنىڭ يۇرت چېگرىسى بولسا زىدوندىن
تارتىپ، گەرار تەرىپىگە سوزۇلۇپ، گازاغا چىقىپ، ئاندىن سودوم، گوموررا،
ئادماھ بىلەن زەبوئىم تەرىپىگە تۇتىشىپ، لېشاغىچە يېتىپ باراتتى.
20 يۇقىرىقىلار بولسا ھامنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، ئۆز قەبىلىسى ۋە
تىللىرى بويىچە قوۋم بولۇپ ئۆز زېمىنلىرىدا ئولتۇراقلاشقانىدى.
21 شەممۇ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى؛ شەم بولسا يافەتنىڭ ئاكىسى،
ئېبەرلەرنىڭ ئاتا-بوۋىسى بولدى.
22 شەمنىڭ ئوغۇللىرى ئېلام، ئاشۇر، ئارفاخشاد، لۇد، ئارام؛ 23 ئارامنىڭ
ئوغۇللىرى ئۇز، ھۇل، گەتەر، ماش ئىدى.
24 ئارفاخشادتىن شېلاھ تۆرەلدى، شېلاھتىن ئېبەر تۆرەلدى. 25 ئېبەردىن
ئىككى ئوغۇل تۆرەلگەن بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى پەلەگ ئىدى، چۈنكى
ئۇ ياشىغان دەۋردە يەر يۈزىدە بۆلۈنۈش بولدى؛ پەلەگنىڭ ئىنىسىنىڭ
ئىسمى يوقتان ئىدى.

ۋە رەسەن دېگەن تۆت شەھەر بىرلىشىپ بىر چوڭ كاتتا شەھەر، يەنى «نىنەۋە شەھەر»ى بولدى. —بەزى ئالىملار «كاتتا شەھەر» پەقەت كالاھ بىلەن رەسەندىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ بىزنىڭچە «كاتتا شەھەر» نىنەۋە، رەھوبوت-ئىر، كالاھ ۋە رەسەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**22:10** يار. 10:11؛ 1تار. 17:1.

**23:10** **«ماش»** ــ ياكى «مەشەك».

**24:10** **«ئېبەر»** ــ مەنىسى بەلكىم «(دەريادىن) ئۆتكۈچى». «ئىبرانىي» دېگەن سۆز بەلكىم بۇ سۆزدىن چىققان.

**24:10** 1تار. 18:1.

**25:10** **«پەلەگ»** ــ بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزى «بۆلۈنۈش»كە يېقىندۇر. «ئۇ ياشىغان دەۋردە يەر

[26] يوقتاندىن ئالموداد، شەلەف، خازارماۋەت، يېراھ، [27] ھادورام، ئۇزال،
دىكلاھ، [28] ئوبال، ئابىمائەل، شېبا، [29] ئوفىر، ھاۋىلاھ ۋە يوباب تۆرەلدى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقتاننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [30] ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان
جايلىرى بولسا مېشادىن تارتىپ، سەففار دېگەن رايوننىڭ شەرق
تەرىپىدىكى تاغقىچە سوزۇلاتتى.
[31] يۇقىرىقىلار بولسا شەمنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، ئۆز قەبىلىسى ۋە
تىللىرى بويىچە قوۋم بولۇپ ئۆز زېمىنلىرىدا ئولتۇراقلاشقانىدى.
[32] يۇقىرىدىكىلەر نۇھنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز نەسەبلىرى ۋە
قوۋملىرى بويىچە خاتىرىلەنگەن. توپاندىن كېيىنكى يەر يۈزىدىكى
بارلىق قوۋملار ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تارقالغان.

## «بابىل مۇنارى ۋەقەسى» — خۇدانىڭ ئىنسانلارنىڭ تىلىنى پارچىلىۋېتىشى

11 [1] ئۇ زاماندا پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى تىل ھەم سۆز بىرخىل ئىد
ى. [2] لېكىن شۇنداق بولدىكى، ئادەملەر مەشرىق تەرەپكە

---

يۈزىدە بۆلۈنۈش بولدى» — بۇ سۆز ھەقتە ئۈچ خىل ئىمكانىيەت بار: (1) بۇ سۆزلەر بابىل مۇنارى ۋەقەسىدە (11-باب)، خۇدانىڭ تىلنى بۆلۈشى بىلەن ئەللەرنىمۇ بۆلگەنلىكىنى، شۇنداقلا «يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەن»لىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) يەر-زېمىننىڭ ئۆزىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ («يار.» 9:1 بويىچە يەر-زېمىن ئەسلىدە بىرلا قۇرۇقلۇق ئىدى، چوقۇم كېيىنچە مەلۇم ۋاقىتتا ھازىرقى ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ۋە ئانتاركتىكا قىتئەلىرىگە بۆلۈنگەن)؛ (3) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئىمكانىيەتنىڭ تەڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**32:10** روس. 26:17

1:11 **«پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى تىل ... بىرخىل ئىدى»** — بۇ تىل قايسى تىل بولۇشى كېرەك؟ بىز ئۇنى ئىبرانىي تىلى، دەپ قارايمىز. سەۋەبى: (1) «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دا ئۇچرايدىغان، «بابىل مۇنارى» ۋەقەسىدىن ئىلگىرىكى بارلىق نام-ئىسىملار ئىبرانىي تىلىدىكى نام-ئىسىملار ئىدى؛ (2) «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1-11 بابلاردىكى كۆپ ئايەتلەردە «سۆز ئويۇنى» ئىشلىتىلگەنلىكى بىزگە مەلۇم (مەسىلەن، 32:2، 9:11 ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ). ئەگەر شۇ زاماندىكى تىل ئىبرانىي تىلى بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا، «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دا شۇنداق «سۆز ئويۇنى»نىڭ ئىشلىتىلىشى مۇمكىن بولمايتتى.

## «ئەللەرنىڭ نەسەبنامىسى»




سەپەر قىلىپ، شىنار يۇرتىدا بىر تۈزلەڭلىكنى ئۇچرىتىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشتى.[3] ئۇلار بىر-بىرىگە: ــ كېلىڭلار، بىز خىش قۇيۇپ، ئوتتا پىشۇرايلى! ــ دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قۇرۇلۇشتا تاشنىڭ ئورنىغا خىش، لايىنىڭ ئورنىغا قارىماي ئىشلەتتى.[4] ئۇلار يەنە: ــ كېلىڭلار، ئەمدى ئۆزۈمىزگە بىر شەھەر بىنا قىلىپ، شەھەردە ئۇچى ئاسمانلارغا تاقاشقۇدەك بىر مۇنار ياسايلى! شۇنداق قىلىپ ئۆزىمىزگە بىر نام تىكلىيەلەيمىز. بولمىسا، پۈتكۈل

2:11 يار. 10:10.

**يەر يۈزىگە تارىلىپ كېتىمىز، ــ دېيىشتى.**
**[5]ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار ئادەم بالىلىرى بىنا قىلىۋاتقان شەھەر بىلەن**
**مۇنارنى كۆرگىلى چۈشتى. [6]پەرۋەردىگار: ــ «مانا، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر**
**قوۋمدۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلىمۇ بىردۇر؛ بۇ ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ**
**باشلىنىشىدۇر! بۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نىيەت قىلغان ھەرقانداق**
**ئىشىنى ھېچ توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. [7]شۇڭا بىز تۆۋەنگە چۈشۈپ**
**ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ گەپلىرىنى ئۇقالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ**
**تىلىنى باشقا-باشقا قىلىپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەيلى» ــ دېدى.**
**[8]شۇنداق قىلىپ پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۇ جايدىن پۈتكۈل يەر**
**يۈزىگە تارىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرنى ياساشتىن**
**توختاپ قالدى. [9]شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ نامى «بابىل» دەپ ئاتالدى؛**
**چۈنكى ئۇ يەردە پەرۋەردىگار پۈتكۈل يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ تىلىنى**
**قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۇ**
**جايدىن پۈتكۈل يەر يۈزىگە تارىتىۋەتتى.**

---

**4:11 « ئۇچى ئاسمانلارغا تاقاشقۇدەك بىر مۇنار ياسايلى»** ــ ئۇلارنىڭ مۇشۇ مەقسىتى بىر خىل مەغرۇرلۇقنى بىلدۈرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە مۇنار ئارقىلىق ئاسماندىكى روھلار (جىن-شەيتانلار) بىلەن ئالاقە قىلىش («ئەف.» 2:2)، پالچىلىق قىلىش مەقسىتىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئۇ مۇنار خۇدانىڭ يولىغا قارىمۇقارشى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۆزلىرىنى تارىلىپ كېتىشتىن ساقلاش تەدبىرى خۇدانىڭ ئادەملەرگە: «سىلەر جۈپلىشىپ كۆپىيىپ، **يەر يۈزىنى تولدۇرۇڭلار»** (9:1) دېگەن ئەمرىگە خىلاپ ئىدى.

**4:11** قان. 28:1

**8:11** قان. 8:32؛ روس. 26:17

**9:11 «بابىل»** ــ بۇ سۆزنىڭ ئىككى مەنىسى بار: ــ «خۇدانىڭ دەرۋازىسى» ۋە «قالايمىقانچىلىق»؛ شۈبھىسىزكى، شەھەرنى قۇرغۇچىلار «مۇشۇ شەھەر بىلەن ئاسمانلارغا يېتىمىز» دېگەن مەقسەتتە شەھەرگە «خۇدانىڭ دەرۋازىسى» دېگەن مەنىلىك نامنى قويغان؛ لېكىن كېيىن «بابىل» دېگەن سۆزنىڭ «قالايمىقانچىلىق» دېگەن ئىككىنچى مەنىسى شۇ شەھەرگە دەل مۇناسىپ كەلدى. **«پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۇ جايدىن پۈتكۈل يەر يۈزىگە تارىتىۋەتتى»** ــ بۇ ۋەقە 10-بابتىكى يەتمىش ئەل-قوۋمنىڭ قايسى يول بىلەن بىر-بىردىن ئايرىلىپ كەكتىلەنلىكىنى، شۇنداقلا نىمرودنىڭ بابىل شەھىرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر مۇمكىنچىلىكى باركى، بابىلدىكىلەر كېيىنكى دەۋرلەردە چوقۇنغان ئىلاھ «ماردۇك» ياكى «مەروداك» ئەسلىدە نىمرودنىڭ ئۆزى ئىدى.

## شەمنىڭ نەسەبنامىسى

1تار. 1:1-27

[10] تۆۋەندىكىلەر شەمنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر: ـ توپان ئۆتۈپ ئىككى يىلدىن
كېيىن، شەم يۈز يېشىدا، ئۇنىڭدىن ئارفاكشاد تۆرەلدى. [11] ئارفاكشاد
تۇغۇلغاندىن كېيىن شەم بەش يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە
ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
[12] ئارفاكشاد ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن شېلاھ تۆرەلدى.
[13] شېلاھ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئارفاكشاد تۆت يۈز ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ،

---

**10:11 «تۆۋەندىكىلەر شەمنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر: — »** — مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ بەشىنچى «تولدوتى» («تارىخى»)، يەنى «شەمنىڭ تولدوتى» («شەمنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى») (9:11-26:11) باشلىنىدۇ.

**10:11** يار. 10:22-31؛ 1تار. 1:17.




«يارىتىلىش» 10-باب — ئەللەرنىڭ «بابىل مۇنارى» ۋەجىدىن تارقاقلاشتۇرۇلۇشى

ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
[14] شېلاھ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن ئېبەر تۆرەلدى.
[15] ئېبەر تۇغۇلغاندىن كېيىن شېلاھ تۆت يۈز ئۈچ يىل ئۆمۈر
كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
[16] ئېبەر ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن پەلەگ تۆرەلدى. [17] پەلەگ
تۇغۇلغاندىن كېيىن ئېبەر تۆت يۈز ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن
يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
[18] پەلەگ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن رەئۇ تۆرەلدى. [19] رەئۇ
تۇغۇلغاندىن كېيىن پەلەگ ئىككى يۈز توققۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ،
ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
[20] رەئۇ ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن سېرۇگ تۆرەلدى.
[21] سېرۇگ تۇغۇلغاندىن كېيىن رەئۇ ئىككى يۈز يەتتە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ،
ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
[22] سېرۇگ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن ناھور تۆرەلدى. [23] ناھور
تۇغۇلغاندىن كېيىن سېرۇگ ئىككى يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن
يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
[24] ناھور يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن تەراھ تۆرەلدى.
[25] تەراھ تۇغۇلغاندىن كېيىن ناھور بىر يۈز ئون توققۇز يىل ئۆمۈر
كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
[26] تەراھ يەتمىش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن ئابرام، ناھور ۋە ھاران تۆرەلدى.

---

13:11 **«ئارفاكشاد ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن شېلاھ تۆرەلدى. شېلاھ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئارفاكشاد تۆت يۈز ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى»** — مۇشۇ يەردە قەدىمىي گرېك تىلىدىكى LXX تەرجىمىسىدە «ئارفاكشاد ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن قائىنان تۆرەلدى. قائىنان تۇغۇلغاندىن كېيىن ئارفاكشاد تۆت يۈز ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. قائىنان بىر يۈز ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدىن شېلاھ تۆرەلدى. شېلاھ تۇغۇلغاندىن كېيىن قائىنان ئۈچ يۈز ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى» دېيىلىدۇ. «لۇقا» 16:13-19نىمۇ كۆرۈپ، قەدىمىي كۆتۈرگۈچىلەر قائىناننىڭ خەۋىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

**18:11** 1تار. 25:1

## تەراھنىڭ نەسەبنامىسى

[27] تەراھنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: ــ تەراھتىن ئابرام، ناھور ۋە
هاران تۆرەلدى؛ هاراندىن لۇت تۆرەلدى. [28] لېكىن هاران تۇغۇلغان يۇرتى
بولغان، كالدىيلەرنىڭ ئۇر شەھىرىدە ئاتىسى تەراھنىڭ ئالدىدا،
تەراھتىن ئىلگىرى ئۆلدى. [29] ئابرام بىلەن ناھور ئىككىسى ئۆيلەندى.
ئابرامنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى ساراي، ناھورنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى
مىلكاھ ئىدى؛ مىلكاھ هاراننىڭ قىزى ئىدى؛ هاران بولسا مىلكاھ
ۋە ئىسكاھنىڭ ئاتىسى ئىدى. [30] لېكىن ساراي تۇغماس بولغاچقا،
ئۇنىڭ بالىسى يوق ئىدى.
[31] تەراھ بولسا ئوغلى ئابرامنى، نەۋرىسى لۇت (هاراننىڭ ئوغلى)نى ۋە
كېلىنى، يەنى ئابرامنىڭ ئايالى سارايىنى ئېلىپ، قانائان زېمىنىغا
بېرىش ئۈچۈن كالدىيلەرنىڭ ئۇر شەھىرىدىن يولغا چىقتى؛ بىراق
ئۇلار هاران دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ
قالدى. [32] تەراھنىڭ كۆرگەن كۈنلىرى ئىككى يۈز بەش يىل بولۇپ،
هاراندا ئالەمدىن ئۆتتى.

## خۇدانىڭ ئىبراھىم، يەنى ئابرامنى تاللىشى

**27:11 «تەراھنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: ــ »** ــ مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ ئالتىنچى «تولدوت»ى («تارىخى»)، يەنى «تەراھنىڭ تولدوتى» («تەراھنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى») (11:27-25:11) باشلىنىدۇ.

**27:11** يە. 2:24؛ 1تار. 26:1.

**28:11 «كالدىيلەر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كاسدىيلار».

**29:11** يار. 20:22.

**30:11** يار. 1:16؛ 2 ،11:18؛ 12.

**31:11 «قانائان زېمىنىغا بېرىش ئۈچۈن كالدىيلەرنىڭ ئۇر شەھىرىدىن يولغا چىقتى»** ــ خەرىتە بېتىنى كۆرۈڭ.

**31:11** يە. 2:24؛ نەھ. 7:9؛ روس. 4:7.

**32:11 «ئىبراھىمنىڭ سەپىرى»** ــ مۇناسىۋەتلىك خەرىتىنى كۆرۈڭ.

## ئىبراھىمنىڭ ئېتىقادى

12 [1] پەرۋەردىگار ئەسلىدە ئابرامغا مۇنداق دېگەنىدى: ــ
سەن ئۆز يۇرتۇڭدىن، ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭدىن ۋە ئۆز ئاتا
جەمەتىڭدىن ئايرىلىپ، مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان زېمىنغا بارغىن.
[2] شۇنداق قىلساڭ مەن سېنى ئۇلۇغ بىر خەلق قىلىپ، ساڭا بەخت-
بەرىكەت ئاتا قىلىپ، نامىڭنى ئۇلۇغ قىلىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سەن
ئۆزۈڭ باشقىلارغا بەخت-بەرىكەت بولغىن؛ [3] كىملەر ساڭا بەخت-
بەرىكەت تىلىسە مەن ئۇلارنى بەرىكەتلەيمەن، كىمكى سېنى خورلىسا،
مەن چوقۇم ئۇنى لەنەتكە قالدۇرىمەن؛ سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى
بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىدۇ! ــ دېدى.
[4] ئابرام پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئېيتقىنى بويىچە ھاراندىن ئايرىلدى؛
لۇتمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. ئابرام ھاراندىن چىققىنىدا يەتمىش
بەش ياشتا ئىدى.
[5] ئابرام ئايالى ساراي بىلەن ئىنىسىنىڭ ئوغلى لۇتنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ
يىغقان بارلىق مال-مۈلۈكىنى قوشۇپ، ھاراندا ئىگىدارچىلىق قىلغان
ئادەملەرنى بىللە ئېلىپ، قانائان زېمىنىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى؛
شۇنداق قىلىپ ئۇلار قانائان زېمىنىغا يېتىپ كەلدى. [6] ئابرام زېمىننى
كېزىپ، شەكەم دېگەن جايدىكى «مورەھنىڭ دۇب دەرىخى»نىڭ يېنىغا
كەلدى (ئۇ چاغدا ئۇ زېمىندا قانائانىيلار تۇراتتى).
[7] پەرۋەردىگار ئابرامغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا: ــ مەن بۇ زېمىننى سېنىڭ
نەسلىڭگە ئاتا قىلىمەن، ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ يەردە ئۆزىگە كۆرۈنگەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر

---

**1:12** روس. 3:7؛ ئىبر. 8:11.

3:12 **«سېنى خورلىسا»** ــ ياكى «سېنى تۆۋەن كۆرسە»، «سېنى پەس قىلسا». **«سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىدۇ!»** ــ خۇدانىڭ بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھدىسى ۋە شەرتلىرى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»يىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**3:12** يار. 18:18؛ 18:22؛ 4:26؛ روس. 25:3؛ گال. 8:3.

**5:12** روس. 4:7.

**6:12** يار. 18،19:10؛ 7:13.

قۇربانگاھ سالدى. 8 ئاندىن ئۇ بۇ يەردىن يۆتكىلىپ، بەيت-ئەلنىڭ
شەرقىدىكى تاغقا باردى؛ غەرب تەرىپىدە بەيت-ئەل، شەرق تەرىپىدە
ئاي دېگەن جاي بار ئىدى؛ ئۇ شۇ يەردە چېدىر تىكتى. ئۇ شۇ يەردە
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانگاھ ياساپ، پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى
چاقىرىپ ئىبادەت قىلدى. 9 ئاندىن كېيىن ئابرام تەدرىجىي كۆچۈپ،
جەنۇبىدىكى نەگەۋ رايونىغا قاراپ يۆتكەلدى.

## ئابرامنىڭ مىسىرغا چۈشۈشى

10 زېمىندا ئاچارچىلىق بولغانىدى؛ ئابرام مىسىرغا چۈشتى؛ ئۇ شۇ
يەردە ۋاقىتىنچە تۇرماقچى بولغانىدى، چۈنكى زېمىندا ئاچارچىلىق بەك
ئېغىر ئىدى. 11 ئەمما شۇنداق بولدىكى، ئۇ مىسىرغا يېقىنلاشقاندا،
ئايالى سارايغا: ــ مانا، مەن سېنىڭ ھۆسنۈ-جامالىڭنىڭ گۈزەللىكىنى
بىلىمەن. 12 شۇنداق بولىدۇكى، مىسىرلىقلار سېنى كۆرسە، «بۇ ئۇنىڭ
ئايالى ئىكەن» دەپ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، سېنى تىرىك قالدۇرىدۇ.
13 شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ: «مەن ئۇنىڭ سىڭلىسى» دېيىشىڭنى
ئۆتۈنىمەن. شۇنداق قىلساڭ، مەن سېنىڭدىن ياخشىلىق تېپىپ،

---

**7:12 «ئۇ ... پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانگاھ سالدى»** ــ قىزىق بىر يېرى شۇكى، ئابرام بىرنەچچە قۇربانگاھ سالدۇ، لېكىن سۇنغان قۇربانلىقلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە يوقتۇر. بەلكىم ئۇ كۆڭلىدە: ــ «پەرۋەردىگار ماڭا شۇنداق شاپائەت كۆرسەتكەن تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىبادەت يولىدا مەلۇم بىر قۇربانلىق سۇنۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن نېمىنى قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنۇشىنىڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ياسىغان قۇربانگاھلار قۇربانلىقسىز قۇرۇق تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

**7:12** يار. 15:13؛ 18:15؛ 8:17؛ 7:24؛ 4:26؛ قان. 4:34.

**8:12 «نامىنى چاقىرىپ ئىبادەت قىلدى»** ــ ياكى «نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلىپ». 4:26نى كۆرۈڭ.

**10:12 «چۈشتى»** ــ ئىبرانىيلارغا نىسبەتەن ئۇلار خۇدانىڭ «مۇقەددەس زېمىن»ى بولغان قانائان (پەلەستىن)دىن چىقىپ ھەرقايسى جايلارغا (ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئېگىز بولسۇن، پەس بولسۇن) ماڭسا، «چۈشۈش» دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ شۇنىڭدەك ھەرقايسى يەردىن پەلەستىنگە قاراپ ماڭسا، «چىقىش» دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**«ئابرام مىسىرغا چۈشتى»** ــ ئابرام (ئىبراھىم)نىڭ مىسىرغا چۈشۈشى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىز («ئىبراھىمنىڭ ھاياتىدىن ئالدىغان ساۋاقلار ۋە ئىبرەتلەر»)دە ئازراق توختىلىمىز.

سەن ئارقىلىق تىرىك قالىمەن، ــ دېدى.
14 ئابرام مىسىرغا كىرگەندە شۇنداق بولدىكى، مىسىرلىقلار دەرۋەقە
ئايالنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆردى. 15 پىرەۋننىڭ ئەمىرلىرىمۇ ئۇنى
كۆرۈپ، پىرەۋنگە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئايال پىرەۋننىڭ
ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىلدى. 16 پىرەۋن سارايىنىڭ سەۋەبىدىن ئابرامغا
ياخشى مۇئامىلە قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوي، كالا، ھاڭگا ئېشەكلەر،
قۇل-دېدەكلەر، مادا ئېشەكلەر ۋە تۆگىلەرگە ئېرىشتى. 17 ئەمما پەرۋەردىگار
پىرەۋن ۋە ئۆيىدىكىلىرىنى ئابرامنىڭ ئايالى سارايىنىڭ سەۋەبىدىن تولىمۇ
ئېغىر ۋابالارغا مۇپتىلا قىلدى. 18 شۇنىڭ ئۈچۈن پىرەۋن ئابرامنى چاقىرىپ
ئۇنىڭغا: ــ «بۇ زادى سېنىڭ ماڭا نېمە قىلغىنىڭ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئۆز
ئايالىڭ ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتمىدىڭ؟ 19 نېمىشقا ئۇنى «سىڭلىم» دەپ
مېنىڭ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىشىمغا سەۋەبكار بولغىلى تاس قالىسەن!
مانا بۇ ئايالىڭ! ئۇنى ئېلىپ كەتكىن! ــ دېدى.
20 پىرەۋن ئۆز ئادەملىرىگە ئابرام توغرىسىدا ئەمر قىلدى؛ ئۇلار ئۇنى،
ئايالىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىقىنى قوشۇپ يولغا سېلىۋەتتى.

## ئابرام بىلەن لۇتنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى

13 1 شۇنىڭ بىلەن ئابرام ئايالى ۋە ئۇنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى
ھەمدە لۇتنى ئېلىپ مىسىردىن چىقىپ، قانائاننىڭ
جەنۇبىدىكى نەگەۋ يۇرتىغا ماڭدى. 2 ئۇ چاغدا ئابرامنىڭ مال-ۋاران
ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلىرى كۆپ بولۇپ، خېلىلا باي ئىدى.
3 ئۇ كۆچۈپ يۈرۈپ، جەنۇبتىكى نەگەۋدىن بەيت-ئەلگە، يەنى بەيت-
ئەل بىلەن ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدە چېدىر تىككەن

**13:12** يار. 12:20؛ 7:26.

**15:12** **«پىرەۋن»** ــ مىسىرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئۇمۇمىي ئۇنۋانى ئىدى.

**17:12** زەب. 15-14:105

جايغا، 4 قۇربانگاھ ياسىغان جايغا قايتىپ كەلدى. ئابرام شۇ يەردە
پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى چاقىرىپ ئىبادەت قىلدى. 5 ئابرام بىلەن بىللە
ماڭغان لۇتنىڭمۇ قوي-كالا پادىلىرى ۋە چېدىرلىرى بار ئىدى.
6 ئەمدى ئۇلار بىللە تۇرسا، زېمىن ئۇلارنى قامدىيالمايتتى؛ 7 بۇ
سەۋەبتىن ئابرامنىڭ پادىچىلىرى بىلەن لۇتنىڭ پادىچىلىرىنىڭ
ئارىسىدا جېدەل چىقتى (ئۇ ۋاقىتتا قانائانىيلار بىلەن پەرىززىيلەر شۇ
زېمىندا تۇراتتى). 8 شۇڭا ئابرام لۇتقا: ــ «بىز بولساق قېرىنداشلارمىز،
سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا، مېنىڭ پادىچىلىرىم بىلەن سېنىڭ
پادىچىلىرىڭ ئارىسىدا تالاش-تارتىش پەيدا بولمىسۇن. 9 مانا،
ئالدىڭدا پۈتكۈل زېمىن تۇرمامدۇ؟ ئەمدى سەن مەندىن ئايرىلغىن؛
ئەگەر سەن سول تەرەپكە بارساڭ، مەن ئوڭ تەرەپكە باراي؛ ئەگەر سەن
ئوڭ تەرەپكە بارساڭ، مەن سول تەرەپكە باراي»، ــ دېدى.
10 ئۇ ۋاقىتتا لۇت نەزەر سېلىپ كۆردىكى، ئىئوردان ۋادىسىدىكى بارلىق
تۈزلەڭلىكنىڭ زوئار شەھىرىگىچە ھەممىلا يەرنىڭ سۈيى ئىنتايىن
مول ئىدى؛ پەرۋەردىگار سودوم بىلەن گومورراني ۋەيران قىلىشتىن
ئىلگىرى بۇ يەر بەئەينى پەرۋەردىگارنىڭ بېغى، مىسىر زېمىنىدەك ئىدى
. 11 شۇنىڭ بىلەن لۇت ئۆزىگە ئىئوردان ۋادىسىدىكى پۈتكۈل تۈزلەڭلىكنى

---

**3:13** يار. 8:12.

**4:13** يار. 26:4؛ 8:12.

**6:13** يار. 7:36.

7:13 «**ئۇ ۋاقىتتا قانائانىيلار بىلەن پەرىززىيلەر شۇ زېمىندا تۇراتتى**» ــ «قانائانىيلار ۋە پەرىززىيلەر»نىڭ تىلغا ئېلىنىشىنىڭ سەۋەبى بەلكىم (1) ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدە ئىچكى جېدەل بولسا، ئەتراپىدىكى بۇتپەرەسلەر ئالدىدا ئىبراھىمنىڭ خۇدا توغرۇلۇق بەرگەن گۇۋاھلىقىغا داغ چۈشەتتى؛ (2) ئىچكى جېدەل ئائىلىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

**7:13** يار. 6:12.

**9:13** يار. 20:15؛ 34:10.

**10:13** «**بارلىق تۈزلەڭلىك.... سۈيى ئىنتايىن مول ئىدى**» ــ بۇ يەرلەر ھازىر «ئۆلۈك دېڭىز» ئەتراپىدىكى قۇپقۇرۇق قاغجىراق جايلاردۇر. «**پەرۋەردىگارنىڭ بېغى**» ــ دېمەك، ئېرەم بېغى. «**مىسىر زېمىنىدەك**» ــ مىسىر زېمىنى، بولۇپمۇ نىل دەرياسى

تاللىۋالدى؛ ئاندىن لۇت مەشرىق تەرەپكە كۆچۈپ باردى. شۇنداق قىلىپ
ئىككىيلەن ئايرىلدى.[12] ئابرام قانائان زېمىنىدا ئولتۇراقلاشتى؛ لۇت بولسا
تۈزلەڭلىكتىكى شەھەرلەرنىڭ ئارىسىدا تۇردى؛ ئۇ بارا-بارا چېدىرلىرىنى
سودوم شەھىرى تەرەپكە يۆتكىدى.[13] سودوم خەلقى رەزىل ئادەملەر بولۇپ،
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئېغىر گۇناھكارلار ئىدى.

## ئابرامنىڭ ھېبرونغا كۆچۈشى

[14] لۇت ئابرامدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، پەرۋەردىگار ئابرامغا:
ــ سەن ئەمدى بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، ئۆزۈڭ تۇرغان جايدىن شىمال
ۋە جەنۇبقا، مەشرىق ۋە مەغرىب تەرەپكە قارىغىن؛ [15] چۈنكى سەن
ھازىر كۆرۈۋاتقان بۇ بارلىق زېمىننى ساڭا ۋە نەسلىڭگە مەڭگۈلۈك
بېرىمەن. [16] سېنىڭ نەسلىڭنى يەردىكى توپىدەك كۆپ قىلىمەن؛
شۇنداقكى، ئەگەر بىرسى يەردىكى توپىنى ساناپ چىقالىسا، سېنىڭ
نەسلىڭنىمۇ ساناپ چىقالىشى مۇمكىن بولىدۇ. [17] ئورنۇڭدىن تۇر، بۇ
زېمىننى ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى بويىچە ئايلىنىپ چىققىن؛ چۈنكى
مەن ئۇنى ساڭا ئاتا قىلىمەن، ــ دېدى.
[18] شۇڭا ئابرام چېدىرلىرىنى يۆتكەپ، ھېبرون شەھىرىگە يېقىن
مامرەدىكى دۇبزارلىقنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشتى؛ ئۇ شۇ يەردە
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانگاھ ياسىدى.

ئەتراپى تولىمۇ مۇنبەت، سۈيى مول زېمىندۇر.
**13:13** يار. 18:20؛ ئەز. 49:16.
**15:13** **«سەن ھازىر كۆرۈۋاتقان بۇ بارلىق زېمىننى ساڭا ... بېرىمەن»** ــ ئۇ كۆرۈۋاتقان زېمىن لۇت تاللىۋالغان ئىئوردان ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
—بۇ خۇدانىڭ بىرىنچى قېتىم زېمىننى ئىبراھىمنىڭ نەسلىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىبراھىمغىمۇ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلىشى ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئىبراھىم ئۆمرىدە پەلەستىن زېمىنىدىن پەقەت بىر پارچە يەرلىكلا سېتىۋالغان (23-باب)؛ شۇڭا خۇدانىڭ بۇ ۋەدىسى ئىبراھىمنىڭ تىرىلگاندا، زېمىنغا مىراسخور بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر بېشارەت بولسا كېرەك.
**15:13** يار. 7:12؛ 18:15،7؛ 8:17؛ 4:26؛ قان. 4:34؛ روس. 5:7.
**16:13** يار. 5:15؛ 4:17؛ قان. 22:10؛ يەر. 22:33؛ رىم. 18:4،17؛ ئىبر. 12:11.
**18:13** يار. 13:14.

ئىبراھىمنىڭ سەپىرى (يارىتىلىش 12-باب)




## ئابرامنىڭ لۇتنى قۇتقۇزۇشى

14 [1] شىنارنىڭ پادىشاھى ئامرافەل، ئەللاسارنىڭ پادىشاھى ئارىئوق،
ئېلامنىڭ پادىشاھى كېدورلايومەر ۋە گويىمنىڭ پادىشاھى
تىدالنىڭ كۈنلىرىدە شۇ ۋەقە بولدىكى، [2] ئۇلار بىرلىشىپ
سودومنىڭ پادىشاھى بېرا، گومورراھنىڭ پادىشاھى بىرشا،
ئادماھنىڭ پادىشاھى شىناب، زەبوئىمنىڭ پادىشاھى شەمئېبەر
ۋە بېلا (يەنى زوئار)نىڭ پادىشاھىغا قارشى ھۇجۇمغا ئاتلاندى.
[3] بۇ بەشىنىڭ ھەممىسى كېلىشىپ سىددىم ۋادىسىغا، يەنى
«شور دېڭىزى» ۋادىسىغا يىغىلدى. [4] ئۇلار ئون ئىككى يىل
كېدورلايومەرگە بېقىندى بولدى، ئون ئۈچىنچى يىلغا كەلگەندە،
كېدورلايومەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى.
[5] ئون تۆتىنچى يىلى كېدورلايومەر ۋە ئۇنىڭغا ئىتتىپاقداش

3:14 «شور دېڭىزى» — «ئۆلۈك دېڭىز» دېمەك ئاتىلىدۇ.

بولغان پادىشاھلار ھەممىسى يىغىلىپ، ئاشتاروت-كارنائىم
دىگەن يەردە رەفايىيلارغا، شۇنداقلا ھام دىگەن يەردە زۇزىيلارغا،
شاۋەھ-كىرىئاتايىمدا ئېمىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يەڭد
ى؛ 6 ئاندىن ئۇلار ھورىيلارنى ئۇلارنىڭ سېئىر تېغىدا مەغلۇپ
قىلىپ، چۆلنىڭ يېنىدىكى ئەل-پارانغىچە سۈرۈپ-توقاي
قىلدى. 7 ئارقىدىنلا، ئۇلار ئەن-مىشپاتقا (يەنى قادەشكە) يېنىپ
كېلىپ، ئامالەكلەرنىڭ پۈتكۈل يۇرتىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى؛
ھازازون-تاماردا ئولتۇرۇشلۇق ئامورىيلارنىمۇ ھۇجۇم قىلىپ
مەغلۇپ قىلدى. 8 شۇنىڭ بىلەن سودومنىڭ پادىشاھى، گوموررانىڭ
پادىشاھى، ئادماھنىڭ پادىشاھى، زەبوئىمنىڭ پادىشاھى ۋە بېلانىڭ
(يەنى زوئارنىڭ) پادىشاھى چىقىپ، سىددىم ۋادىسىدا ئۇلارغا قارشى
جەڭ قىلىشقا سەپ تىزدى؛ 9 مۇشۇ بەشەيلەن ئېلامنىڭ پادىشاھى
كېدورلايومەر، گويىمنىڭ پادىشاھى تىدال، شىنارنىڭ پادىشاھى
ئامرافەل، ئەللاسارنىڭ پادىشاھى ئارىئوق قاتارلىقلار بىلەن
سوقۇشتى؛ يەنى تۆت پادىشاھ بىلەن بەش پادىشاھ ئۆزئارا سوقۇشتى.
10 سىددىم ۋادىسىدىكى ھەممىلا يەردە قارىماي ئورەكلىرى بار ئىدى.
سودوم ۋە گوموررانىڭ پادىشاھلىرى قېچىپ، ئورەكلەرگە چۈشۈپ
كەتتى. ئەمما قالغانلار بولسا تاغقا قېچىپ كەتتى.
11 غالىب كەلگەن تۆت پادىشاھ بولسا سودوم بىلەن گوموررانىڭ
ھەممە مال-مۈلكىنى ۋە بارلىق ئوزۇق-تۈلۈكىنى ئېلىپ
كەتتى. 12 ئۇلار يەنە ئابرامنىڭ جىيەنى لۇتنىمۇ ماللىرى بىلەن
قوشۇپ ئېلىپ كەتتى؛ چۈنكى ئۇ سودومدا ئولتۇراقلاشقانىدى.
13 ھالبۇكى، قۇتۇلۇپ قالغان بىرسى بېرىپ بۇ ئىشلارنى ئىبرانىي ئابرامغا
ئېيتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئامورىي مامرەنىڭ دۇبزارلىقىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.
مامرە بولسا ئەشكول ۋە ئانەرنىڭ ئاكىسى ئىدى؛ بۇ ئۇچەيلەن ئابرام

**5:14** يار. 20:15؛ قان. 2:11،10.

بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى. [14] ئابرام قېرىندىشىنىڭ ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئۆيىدە تۇغۇلغان، ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن ئۈچ يۈز ئون سەككىز ئادەمنى باشلاپ چىقىپ، تۆت پادىشاھنى قوغلاپ دانغىچە باردى. [15] كېچىسى ئۇ ئادەملىرىنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى دەمەشقنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ھوباھ دېگەن جايغىچە قوغلاپ بېرىپ، [16] پۈتكۈل ئولجا ئالغان مال-مۈلۈكنى قايتۇرۇۋالدى؛ ئۆز قېرىندىشى لۇتنى، ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋە خوتۇن-قىزلىرىنى، شۇنداقلا بارلىق قالغان ئادەملەرنى ياندۇرۇپ كەلدى.

## مەلكىزەدەكنىڭ ئابرامغا بەخت تىلىشى

[17] ئابرام كېدورلايومەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداش پادىشاھلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قايتىپ كەلگەندە، سودومنىڭ پادىشاھى شاۋەھ ۋادىسى (يەنى خان ۋادىسى)غا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. [18] سالېمنىڭ پادىشاھى مەلكىزەدەكمۇ نان بىلەن شاراب ئېلىپ ئالدىغا چىقتى. ئۇ زات بولسا، ھەممىدىن ئالىي تەڭرىنىڭ كاھىنى ئىدى؛ [19] ئۇ ئابرامنى بەخت-بەرىكەتلەپ: ــ «ئابرام ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ھەممىدىن ئالىي تەڭرى

---

13:14 **«ئىبرانىي»** ــ بۇ يەردە «ئىبرانىي» دېگەن سۆز بىرىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. «ئىبرانىي» دېگەن سۆز تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل مەنىدە بولۇشى مۇمكىن : ــ (1) ئىبراھىم ئېبەر دېگەن كىشىنىڭ ئەۋلادى (10:21)؛ (2) «ئۆتكۈچى». «ئىبرانىي» دېگەننىڭ بەلكىم «ئابار» («ئۆتمەك») دېگەن پېئىل بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. ئىبراھىم قانائان زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارغا نىسبەتەن «دەريادىن ئۆتكەن كىشى» ــ دېمەك، ئۇ «ئۇلۇغ دەريا» (ئەفرات دەرياسى)دىن ئۆتۈپ كەلگەن كىشى ئىدى. **«بۇ ئۈچەيلەن ئابرام بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى»** ــ سەل تۇغرىراق تەرجىمە قىلساق ««ئابرام بۇ ئۈچەيلەن بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى»

**13:14** يار. 18:13.

**14:14 «ئابرام ... تۆت پادىشاھنى قوغلاپ دانغىچە باردى»** ــ تەخمىنەن 150-200 كىلومېتىرغىچە قوغلىغان.

**18:14 «مەلكىزەدەك»** ــ بۇ زات توغرۇلۇق «زەبۇر» 110-كۈيدىكى ئىزاھاتلارنى، شۇنداقلا «ئىبرانىيلارغا»دىكى 5-7-بابلارنى ۋە شۇلارنىڭ ئىزاھاتلىرى، «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

**18:14** ئىبر. 1:7، 2، 3.

تەرىپىدىن بەرىكەتلەنسۇن! [20] شۇنداقلا دۈشمەنلىرىڭنى ئۆز قولۇڭغا تاپشۇرغان ھەممىدىن ئالىي تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئوقۇلغاي!» ــ دېدى. ئابرام بولسا غەنىيمەت ئالغان نەرسىلەرنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۇنىڭغا بەردى.

[21] ئاندىن سودومنىڭ پادىشاھى ئابرامغا: ــ ئادەملەرنى ماڭا بەرگەيلا، غەنىيمەتلەرنى ئۆزلىرىگە ئالغايلا، ــ دېدى.

[22] لېكىن ئابرام سودومنىڭ پادىشاھىغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن بولسام ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ھەممىدىن ئالىي تەڭرى پەرۋەردىگارغا قول كۆتۈرۈپ قەسەم قىلغانمەنكى، [23] مەن سەندىن ھەتتا بىر تال يىپ نە بىر تال بوغقۇچىنىمۇ نە سېنىڭ باشقا ھەرقانداق نەرسەڭنى ئالمايمەن؛ بولمىسا، سەن كېيىن: «مەن ئابرامنى باي قىلىپ قويدۇم» دېيىشىڭ مۇمكىن.

[24] شۇڭا يىگىتلىرىمنىڭ يېگەن-ئىچكىنى، شۇنداقلا ماڭا ھەمراھ بولغانلار، يەنى ئانەر، ئەشكول ۋە مامرەلەرگە تېگىشلىك ئۈلۈشتىن باشقا، مەن غەنىيمەتتىن ھېچنەرسە ئالمايمەن؛ شۇلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئۈلۈشىنى ئالسۇن، ــ دېدى.

## خۇدانىڭ ئابرامغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە تۈزۈشى

15 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئابرامغا ئالامەت كۆرۈنۈشتە كېلىپ: «ئەي ئابرام، قورقمىغىن؛ مەن

---

19:14 **«ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى»** ــ ياكى «ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى»

24:14 **«يىگىتلەر»** ــ ئىبراھىمنىڭ ئۆز خىزمەتكارلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبراھىمنىڭ ھەمراھلىرى ئانەر، ئەشكول ۋە مامرە بەلكىم پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولمىغاچقا، ئىبراھىم ئۆزىگە قويغان قاتتىق تەلەپنى (ھېچ غەنىيمەت ئالمايمەن دېگەندەك) ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويمايدۇ.

ئۆزۈم قالقىنىڭ ۋە زور ئىنئامىڭدۇرمەن» ــ دېدى. 2 لېكىن ئابرام:
ــ ئەي رەب پەرۋەردىگار، ماڭا نېمە بېرىسەن؟ مانا، مەن بالىسىز
تۇرسام، ئۆي-بىساتلىرىمغا ۋارىسلىق قىلغۇچى مۇشۇ دەمەشقلىك
ئەلىئېزەرلا باردۇر، ــ دېدى.
3 ئابرام يەنە: مانا، سەن ماڭا ھېچ نەسىل بەرمىدىڭ، مانا ئۆيۈمدە
تۇرۇۋاتقانلاردىن بىرى ماڭا ۋارىس بولىدۇ، دېدى.
4 شۇ ھامان پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئۇنىڭغا كېلىپ: «بۇ كىشى
ساڭا ۋارىس بولمايدۇ، بەلكى ئۆز پۇشتۇڭدىن بولىدىغان كىشى ساڭا
ۋارىس بولىدۇ»، ــ دېدى.
5 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ: ــ ئەمدى
ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇزلارنى سانا ــ قېنى، ئۇلارنى سانىيالامسەنكىن؟!
ــ دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا: ــ سېنىڭ نەسلىڭمۇ شۇنداق بولىدۇ، ــ دېدى.
6 ئابرام پەرۋەردىگارغا ئىشەندى؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىكى بۇ
ئىشەنچنى ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى دەپ ھېسابلىدى. 7 يەنە ئۇنىڭغا:
مەن بۇ زېمىننى ئىگە قىلىشقا سېنى كالدىيەدىكى ئۇر شەھرىدىن
ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگاردۇرمەن، ــ دېدى.
8 لېكىن ئابرام: ــ ئى رەب پەرۋەردىگار، مەن ئۇنىڭغا جەزمەن ئىگە
بولىدىغىنىمنى قانداق بىلىمەن؟ ــ دەپ سورىدى.
9 پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ مەن ئۈچۈن ئۈچ ياشلىق بىر ئىنەك، ئۈچ
ياشلىق بىر چىشى ئۆچكە، ئۈچ ياشلىق بىر قوچقار بىلەن بىر كەپتەر
ۋە بىر باچكا ئېلىپ كەلگىن، ــ دېدى.

---

1:15 **«پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئابرامغا ... دېدى»** ــ بۇ ئىبارە ياكى بۇنداق ئىبارە تەۋرات-زەبۇردا پات-پات كۆرۈنۈپ، ئەمەلىيەتتە «ئۈچتە بىر»دىكى ئىككىنچى شەخسنى كۆرسىتىدۇ («يۇھ.» 1:2-1نى كۆرۈڭ). **«مەن ئۆزۈم قالقىنىڭ ۋە زور ئىنئامىڭدۇرمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەن ساڭا زور ئىنئام بەرگۈچىدۇرمەن».

**1:15** زەب. 5:16؛ 2:18؛ 11:19

**5:15** مىس. 13:32؛ قان. 22:10؛ رىم. 18:4؛ ئىبر. 12:11.

**6:15** رىم. 22:4،18،9،3؛ گال. 6:3؛ ياق. 23:2.

**7:15** زەب. 105:9-13

10 شۇڭا ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرسىنى
يېرىمىدىن ئىككى پارچە قىلىپ، يېرىمىنى يەنە بىر يېرىمىغا
ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىلىپ قويۇپ قويدى؛ ئەمما قۇشلارنى پارچىلىم
ىدى. 11 قاغا-قۇزغۇنلار تاپلارنىڭ ئۇستىگە چۈشكەندە، ئابرام
ئۇلارنى ئۈركۈتۈپ ھەيدىۋەتتى.
12 لېكىن كۈن پاتاي دېگەندە، ئابرامنى ئېغىر بىر ئۇيقۇ باستى ۋە مانا،
ئۇنىڭ ئۇستىگە دەھشەتلىك بىر ۋەھىمە، تۇم قاراڭغۇلۇق چۈشتى. 13 ئاندىن
پەرۋەردىگار ئابرامغا: ــ جەزمەن بىلىشىڭ كېرەككى، سېنىڭ نەسلىڭ
ئۆزلىرىنىڭ بولمىغان بىر زېمىندا مۇساپىر بولۇپ، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ
قۇللۇقىدا بولىدۇ ۋە شۇنداقلا، بۇ خەلق ئۇلارغا تۆت يۈز يىلغىچە جەبىر-
زۇلۇم سالىدۇ. 14 لېكىن مەن ئۇلارنى قۇللۇققا سالغۇچى شۇ تائىپىنىڭ
ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىمەن. كېيىن ئۇلار نۇرغۇن بايلىقلارنى ئېلىپ شۇ
يەردىن چىقىدۇ. 15 ئەمما سەن بولساڭ، ئامان-خاتىرجەملىك ئىچىدە ئاتا-

---

10:15 **«چۈشەنمە»** ــ كونا زامانلاردا ئىككى تەرەپ بىر-بىرى بىلەن ئەھدە تۈزمەكچى بولسا، ئاۋۋال كالا ياكى قوينى سويۇپ، ئىككى پارچە قىلىپ پارچىلايتتى؛ ئاندىن ئىككى تەرەپ سويۇپ ئىككى پارچە قىلغان مالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تەڭ ئۆتۈپ بىر-بىرىگە قەسەم قىلاتتى. بۇ ئىشنىڭ مەنىسى، «قايسىمىز ئەھدىنى بۇزساق، خۇدا ئۇنى بۇ سويىغان مالغا ئوخشاش قىلسۇن!» دېمەكلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئىبرانىي تىلىدا «ئەھدە تۈزۈش» ئادەتتە «ئەھدە كېسىش» دېيىلىدۇ. «يەر.» 34:8، 18-20-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

13:15 **«سېنىڭ نەسلىڭ ئۆزلىرىنىڭ بولمىغان بىر زېمىندا مۇساپىر بولۇپ، ... بۇ خەلق ئۇلارغا تۆت يۈز يىلغىچە جەبىر-زۇلۇم سالىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا شېئىرىي شەكىلدە بولۇپ، مۇنداقلا ئىپادىلەيدۇ: ــ

— سېنىڭ نەسلىڭ ئۆزلىرىنىڭ بولمىغان بىر زېمىندا مۇساپىر بولۇپ،
— ئۇلار ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدا بولىدۇ
— ئۇلار ئۇلارغا جەبىر-زۇلۇم سالىدۇ
— (جەمىي بولۇپ) تۆت يۈز يىل بولىدۇ

— يەھۇدىي ئالىملار بۇ 400 يىلنى مۇنداق ھېسابلادۇ: ــ ئىسھاق (نەسلىڭ) تۇغۇلغان بولۇپ، 60 ياشقا كىرىپ ياقۇپنى تۇغدۇردى؛ ياقۇپ (ئىسرائىل) 130 ياشقا كىرىپ مىسىرغا چۈشتى؛ ئىسرائىل خەمەتى مىسىردا 210 يىل تۇردى؛ جەمىي بولۇپ 400 يىل ئەتراپىدا ئىدى.

**13:15** مىس. 40:12؛ روس. 6:7؛ گال. 17:3.

**14:15** مىس. 22:3؛ 2:11؛ 36:12،35.

بوۋىلىرىڭغا قوشۇلىسەن؛ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىنىسەن.
[16] لېكىن شۇ يەردە تۆت ئەۋلاد ئۆتۈپ، نەسلىڭ بۇ يەرگە يېنىپ كېلىدۇ؛
چۈنكى ئامورىيلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ زىخى تېخى توشمىدى، دېدى.
[17] شۇنداق بولدىكى، كۈن پېتىپ قاراڭغۇ بولغاندا، مانا، گۆشلەرنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئىس-تۈتەك چىقىپ تۇرغان بىر
ئوتدان بىلەن يالقۇنلۇق بىر مەشئەل كۆرۈندى. [18-19] دەل شۇ كۈنى
پەرۋەردىگار ئابرام بىلەن ئەھدە تۈزۈپ ئۇنىڭغا: ــ «مەن سېنىڭ
نەسلىڭگە بۇ زېمىننى مىسىرنىڭ ئېقىنىدىن تارتىپ ئۇلۇغ دەريا،
يەنى ئەفرات دەرياسىغىچە بېرىمەن؛ يەنى كېنىيلەر، كەنىززىيلار، كادم
ونىيلار، [20] ھىتتىيلار، پەرىززىيلەر، رەفايىيلار، [21] ئامورىيلار، قانائانىيلار،
گىرگاشىيلار ۋە يەبۇسىيلارنىڭ يۇرتىنى ئۇلارنىڭكى قىلىمەن» دېدى.

## ئىسمائىلنىڭ تۇغۇلۇشى

16 [1] ئەمما ئابرامنىڭ ئايالى ساراي ئۇنىڭغا ھېچ بالا تۇغۇپ
بەرمىدى؛ لېكىن ئۇنىڭ ھەجەر ئىسىملىك مىسىرلىق

15:15 **«ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قوشۇلىسەن»** ــ بۇ سۆز ئېيتىلغان ئوبيېكتقا قاراپ مەنىسىنى بېكىتىش مۇمكىن. ئاڭلىغۇچى ئېتىقادلىق كىشى بولسا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى ھەققانىيلارنىڭ روھلىرىنىڭ قېشىغا كېتىدۇ؛ ئېتىقادسىز بولسا، ئۇلارنىڭ روھى ئېتىقادسىزلار بىلەن بىللە بولىدۇ («لۇقا» 16:31-19 ۋە «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ).

**15:15** يار. 7:25، 8.

16:15 **«ئامورىيلارنىڭ قەبىھلىكى»** ــ ئامورىيلار قانائان زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان قەبىلىلەر ئىچىدە «يېتەكچى قەبىلە» ھېسابلىناتتى. «ئامورىيلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ زىخى تېخى توشمىغانىدى» ــ دېمەك، خۇدا ئۇلارغا تووۋا قىلىش پۇرستى بەرسىمۇ، ئۇلار تووۋا قىلماي، يەنىلا گۇناھقا پېتىپ، خۇدا بېكىتكەن چەككە يەتكەندە، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىللار ئارقىلىق ئۇلارنى جازالايدۇ؛ ئىسرائىللار ئۇلارنى زېمىنىدىن ھەيدەپ يوقىتىدۇ. بۇ ئىشلار «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر»، «قانۇن شەرھى» ۋە «يەشۇئا»دا تەپسىلىي تەسۋىرلىنىدۇ. «مىسىردىن چىقىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

**16:15** مىس. 40:12.

17:15 **«چۆشەنمە»** ــ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئەھمىيىتى، شۇنداقلا خۇدا ئىبراھىم بىلەن باغلىغان شۇ ئەھدە توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**18:15-19** يار. 7:12؛ 15:13؛ 7:24؛ 4:26؛ مىس. 13:32؛ قان. 8:1؛ 4:34.

بىر دېدەكى بار ئىدى؛ [2]سارايى ئابرامغا: ــ مانا، پەرۋەردىگار مېنى تۇغۇشتىن توستى. ئەمدى سەن مېنىڭ دېدەكىمنىڭ قېشىغا كىرگىن؛ بەلكىم ئۇ ئارقىلىق ئانا بولۇپ تىكلىنىشىم مۇمكىن، ــ دېدى. ئابرام بولسا سارايىنىڭ سۆزىنى قوبۇل كۆردى.
[3]شۇنىڭ بىلەن ئابرامنىڭ ئايالى سارايى دېدەكى مىسىرلىق ھەجەرنى ئۆز ئېرى ئابرامغا توقاللىققا ئاپىرىپ بەردى (ئۇ ۋاقىتتا ئابرام قانائان زېمىنىدا ئون يىل ئولتۇرغانىدى). [4]ئابرام ھەجەرنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئۇ ھامىلىدار بولدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولغىنىنى بىلگىنىدە، ئۇ ئايال خوجايىنىنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالدى. [5]سارايى ئابرامغا قېيداپ: ــ ماڭا چۈشكەن بۇ خورلۇق سېنىڭ بېشىڭغا چۈشسۇن! مەن ئۆز دېدەكىمنى قۇچىقىڭغا سېلىپ بەردىم؛ ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولغىنىنى كۆرگەندە مەن ئۇنىڭ نەزىرىدە كۆزگە ئىلىنمىدىم. خەير، پەرۋەردىگار سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم چىقارسۇن! ــ دېدى.
[6]ئابرام سارايىغا: ــ مانا، دېدەكىڭ ئۆز قولۇڭدىدۇر؛ ساڭا نېمە لايىق كۆرۈنسە ئۇنىڭغا شۇنى قىلغىن، ــ دېدى. بۇنىڭ بىلەن سارايى ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلىشقا باشلىدى؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتتى.
[7]ئەمما پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنى چۆلدىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىدا، يەنى شۇر يولىنىڭ بويىدىكى بۇلاقنىڭ يېنىدىن تېپىپ، ئۇنىڭغا: [8]ئەي سارايىنىڭ دېدەكى ھەجەر، نەدىن كەلدىڭ،

---

1:16 **«ھەجەر»** ــ بۇ ئىسىم ئىبرانىي تىلىدا «ھاگار» دەپ ئېلىنىدۇ. بىراق بەزى ئوقۇرمەنلەر ئىسمائىلنىڭ ئاپىسىنى «ھەجەر» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

2:16 **«بەلكىم ئۇ ئارقىلىق ئانا بولۇپ تىكلىنىشىم مۇمكىن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بەلكىم ئۇ ئارقىلىق قۇرۇلۇشۇم مۇمكىن». ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆرپ-ئادەتلەر بويىچە، ئايال خوجايىنىنىڭ دېدەكى ئايال خوجايىنىنىڭ ئېرىگە بالا تۇغۇپ بەرسە، بالىنى ئايال خوجايىنىنىڭ بالىسى ھېسابلاشقا بولاتتى.

7:16 **«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»** ــ «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» تەۋرات دەۋرىدە ئىنتايىن ئالاھىدە بىر شەخس ئىدى. بەزى ئىشلاردا ئۇ خۇدانىڭ

**نەگە بارىسەن؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ مەن خوجايىنىم
سارايىنىڭ ئالدىدىن قېچىپ چىقتىم، ــ دېدى.
9 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: ــ ئايال خوجايىنىڭنىڭ
قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بول، ــ دېدى.
10 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا يەنە: ــ سېنىڭ نەسلىڭنى
شۇنداق ئاۋۇتىمەنكى، كۆپلۈكىدىن ئۇنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ، ــ
دېدى.
11 ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: مانا، سەن
ھامىلىدارسەن؛ سەن بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭغا ئىسمائىل دەپ
ئات قويغىن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سېنىڭ جەبىر-جاپايىڭنى ئا
ڭلىدى. 12 ئۇ ياۋا ئېشەك كەبى بىر ئادەم بولىدۇ؛ ئۇنىڭ قولى
ھەر ئادەمگە قارشى ئۇزىتىلىدۇ، شۇنىڭدەك ھەر ئادەمنىڭ قولى
ئۇنىڭغا قارشى ئۇزىتىلىدۇ؛ ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا
ئايرىم تۇرىدۇ، دېدى.
13 ھەجەر ئۆز-ئۆزىگە: «مەن مۇشۇ يەردە مېنى كۆرگۈچىنى
ئارقىسىدىن كۆردۈم» دەپ، ئۆزىگە سۆز قىلغان پەرۋەردىگارنى:
«سەن مېنى كۆرگۈچى تەڭرىدۇرسەن» دەپ ئاتىدى. 14 شۇنىڭ
بىلەن ئۇ قۇدۇق: «بەئەر-لاھاي-روي» دەپ ئاتالدى. ئۇ قادەش**

---

ئورنىدا كۆرۈنەتتى (مەسىلەن، يەنە 7-14-ئايەت، 18-بابنى كۆرۈڭ).

**11:16 «ئىسمائىل»** ــ ئىبرانيي تىلىدا مەنىسى «خۇدا ئاڭلىدى».

**12:16 «ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئايرىم تۇرىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «قېرىنداشلىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە تۇرىدۇ». مەيلى قايسى تەرجىمىسى توغرا بولسۇن، بېشارەتنىڭ ئاساسيي مەنىسى شۇكى، ئىسمائىل (ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى) باشقىلار بىلەن، ھەتتا ئۆز ئۇرۇق-تۇققانلىرى بىلەن ئارىلاشماي ئايرىم تۇرىدۇ ياكى ئۇلارغا ئۆچمەنلىكتە ياشايدۇ.

**12:16** يار. 18:25.

**13:16 «مەن مۇشۇ يەردە مېنى كۆرگۈچىنى ئارقىسىدىن كۆردۈم»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى پەقەت: «مېنى كۆرگۈچىنى كۆردۈم». يەنە باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مېنى كۆرگۈچىنى كۆرۈپمۇ، يەنە تىرىك قالدىم!».

بىلەن بەرەد شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدىدۇر.
[15] ھەجەر ئابرامغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئابرام ھەجەر ئۇنىڭغا
تۇغۇپ بەرگەن ئوغلىغا ئىسمائىل دەپ ئات قويدى. [16] ھەجەر ئابرامغا
ئىسمائىلنى تۇغۇپ بەرگەندە ئابرام سەكسەن ئالتە ياشتا ئىدى.

## خۇدانىڭ ئۆز ئەھدىسىنى بېكىتىشى؛
## ئەھدە بەلگىسى ـ خەتنە

17 [1] ئابرام توقسان توققۇز ياشقا كىرگەندە، پەرۋەردىگار
ئابرامغا كۆرۈنۈپ ئۇنىڭغا: ــ مەن قادىر تەڭرىدۇرمەن.
سەن مېنىڭ ئالدىمدا مېڭىپ، كامىل بولغىن. [2] مەن ئۆزۈم بىلەن سېنىڭ
ئاراڭدا ئەھدەمنى بېكىتىپ، سېنى ئىنتايىن زور كۆپەيتىمەن، ــ دېدى.
[3] ئابرام ئۆزىنى تاشلاپ يۈزىنى يەرگە يېقىپ ياتتى؛ خۇدا ئۇنىڭ بىلەن
يەنە سۆزلىشىپ مۇنداق دېدى: ــ
[4] ئۆزۈمگە كەلسەم، مانا، مېنىڭ ئەھدەم سەن بىلەن تۈزۈلگەندۇر: ــ
سەن نۇرغۇن ئەل-مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى بولىسەن. [5] شۇنىڭ ئۈچۈن

---

14:16 **«بەئەر-لاھاي-روي»** ــ مەنىسى «مېنى كۆرگۈچىنىڭ قۇدۇقى».

14:16 يار. 62:24؛ 11:25.

15:16 گال. 22:4.

1:17 **«قادىر تەڭرى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئەل-شادداي». «شادداي» دېگەن سۆز بەلكىم «مۆرە» دېگەن مەنىدىكى سۆزدىن چىققان ــ شۇنىڭ بىلەن «شادداي» «مەن يۆلەنگەن مۆرەم» دېگەندەك يېقىملىق مەنىنى بىلدۈرىدۇ. **«مېنىڭ ئالدىمدا مېڭىپ»** ــ خۇداغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا خۇدانىڭ تەييارلىغان بىر يولى بار، ئۇلار ئۇنىڭدا مېڭىشى كېرەك. دېمەك، ئېتىقادچىلار «خۇدا مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ۋىجدانىم بويىچە مېڭىشىم كېرەك» دېگەن ئۇقۇمدا ياشايدۇ.

1:17 يار. 22:5.

2:17 يار. 2:12؛ 16:13؛ 5:15، 18؛ مىس. 24:2؛ 4:6؛ لاۋ. 42:26.

4:17 **«مانا، مېنىڭ ئەھدەم سەن بىلەن تۈزۈلگەندۇر»** ــ ياكى «مانا، مەن سەن بىلەن تۈزگەن ئەھدەم شۇدۇر: ــ».

4:17 رىم. 17:4.

سىنىڭ ئىسمىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئابرام ئاتالمايدۇ، بەلكى ئىسمىڭ
ئىبراھىم بولىدۇ؛ چۈنكى مەن سېنى نۇرغۇن ئەل-مىللەتلەرنىڭ
ئاتىسى قىلدىم. [6] مەن سېنى ئىنتايىن زور كۆپەيتىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن
سەندىن كۆپ ئەل-قوۋملارنى پەيدا قىلىمەن، پۇشتۇڭدىن پادىشاھلار
چىقىدۇ. [7] مەن سەن ۋە سەندىن كېيىنكى نەسلىڭنىڭ خۇداسى بولۇش
ئۈچۈن ئۆزۈم سەن ۋە سەندىن كېيىنكى نەسلىڭنىڭ ئارىسىدا ئەبەدىي
ئەھدە سۈپىتىدە بۇ ئەھدەمنى تىكلەيمەن؛ [8] مەن ساڭا ۋە سەندىن
كېيىنكى نەسلىڭگە سەن ھازىر مۇساپىر بولۇپ تۇرغان بۇ زېمىننى،
يەنى پۈتكۈل قانائان زېمىنىنى ئەبەدىي بىر مۈلۈك سۈپىتىدە ئاتا
قىلىمەن؛ ۋە مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن، ــ دېدى.
[9] ئاندىن خۇدا ئىبراھىمغا يەنە: ــ سەن ئۆزۈڭ مېنىڭ ئەھدەمنى
تۇتقىن، ئۆزۈڭ ۋە سەندىن كېيىنكى نەسلىڭمۇ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا
بۇنى تۇتۇشى كېرەك. [10] مەن سەن بىلەن ۋە سەندىن كېيىنكى نەسلىڭ
بىلەن تۈزگەن، سىلەرنىڭ تۇتۇشۇڭلار كېرەك بولغان ئەھدەم شۇكى،
ئاراڭلاردىكى ھەربىر ئەركەك خەتنە قىلىنسۇن. [11] شۇنىڭ بىلەن سىلەر
خەتنىلىكىڭلارنى كېسىۋېتىشىڭلار كېرەك؛ بۇ مەن بىلەن سىلەرنىڭ
ئاراڭلاردىكى ئەھدىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. [12] بارلىق ئەۋلادلىرىڭلار،
نەسىلدىن-نەسىلگە ئاراڭلاردا، مەيلى ئۆيدە تۇغۇلغانلار بولسۇن،
ياكى ئەۋلادىڭلاردىن بولماي ياتلاردىن پۇلغا سېتىۋېلىنغانلار بولسۇن،
ھەممە ئەركەك سەككىز كۈنلۈك بولغاندا خەتنە قىلىنسۇن. [13] ئۆيۈڭدە

---

**5:17 «ئىبراھىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاۋراھام». بۇ ئىسمنىڭ مەنىسى «نۇرغۇن ئەۋلادلىرىنىڭ ئاتىسى» ياكى «كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ئاتىسى».

**6:17** مات. 6:1.

**7:17** يار. 15:13.

**8:17** يار. 18:15؛ قان. 8:1.

**10:17 «مەن سەن بىلەن...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەن سىلەر بىلەن». بۇ «سىلەر» ئىبراھىم ۋە بارلىق ئۆيىدىكى ئادەملەرنى كۆرسىتىشى كېرەك.

**11:17** روس. 8:7؛ رىم. 11:4.

**12:17** لاۋ. 3:12؛ لۇقا 21:2.

تۇغۇلغانلار بىلەن پۇلۇڭغا سېتىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى خەتنە
قىلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، مېنىڭ ئەھدەم تەنلىرىڭلاردا
ئورناپ، ئەبەدىي بىر ئەھدە بولىدۇ. [14] لېكىن خەتنىلىكى تۇرۇپ،
تېخى خەتنە قىلىنمىغان ھەربىر ئەركەك مېنىڭ ئەھدەمنى بۇزغان
ھېسابلىنىپ، ئۇزۇپ تاشلىنىدۇ، ــ دېدى.
[15] خۇدا ئىبراھىمغا يەنە سۆز قىلىپ: ــ ئايالىڭ سارايىنى ئەمدى ساراي
دەپ ئاتىمىغىن، بەلكى ئىسمى ساراھ بولسۇن. [16] مەن ئۇنىڭغا بەخت-
بەرىكەت بېرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ساڭا بىر ئوغۇل بېرىمەن. مەن دەرۋەقە
ئۇنى بەرىكەتلەيمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەل-مىللەتلەرنىڭ ئانىسى
بولىدۇ؛ خەلقلەرنىڭ پادىشاھلىرىمۇ ئۇنىڭدىن چىقىدۇ، ــ دېدى.
[17] ئىبراھىم يەنە ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ دۇم يېتىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە
كۆڭلىدە: «يۈز ياشقا كىرگەن ئادەممۇ بالىلىق بولالارمۇ؟ توقسان
ياشقا كىرگەن ساراھمۇ بالا تۇغارمۇ؟!»، ــ دېدى.
[18] ئىبراھىم خۇداغا: ــ ئاھ، ئىسمائىل ئالدىڭدا ياشىسا ئىدى! دېدى.
[19] خۇدا ئۇنىڭغا: ــ ياق، ئايالىڭ ساراھ جەزمەن ساڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ
بېرىدۇ. سەن ئۇنىڭغا «ئىسھاق» دەپ ئات قويغىن. مەن ئۇنىڭ بىلەن

---

15:17 **«ساراي»** ــ بۇ ئىسمنىڭ مەنىسى «مېنىڭ مەلىكەم». لېكىن «ساراھ» بولسا پەقەت «مەلىكە» دېگەن مەنىدە. بۇنىڭ ئەھمىيتى بەلكىم شۇكى، شۇ چاغدىن باشلاپ ساراھ پەقەت ئىبراھىم ئۆزىگىلا «مەلىكە» بولۇپلا قالماي، بەلكى خۇدا ئالدىدىمۇ ئېتىقادى تۈپەيلىدىن «مەلىكە» دەپ ھېسابلىنىدۇ («ئىبر.» 11:11نى كۆرۈڭ).

16:17 **«... ئۇ ئەل-مىللەتلەرنىڭ ئانىسى بولىدۇ»** ــ ساراھدىن بولغان شۇ ئەل-مىللەتلەر «يەھۇدا»، «ئىسرائىل» (ئون قەبىلە) ۋە «ئېدوم» بولىدۇ. ئون قەبىلە سۈرگۈن بولغاندىن كېيىن ئۇلاردىن ھازىرقى بىرنەچچە مىللەت شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

17:17 **«ئىبراھىم ... دۇم يېتىپ كۈلۈپ... دېدى»** ــ ئىبراھىمنىڭ كۈلگەنلىكى بەلكىم يېرىم ئىشەنچ، يېرىم ئىشەنچسىزلىكتىن، يېرىم گۇماندىن، يېرىم خۇشاللىقتىن بولسا كېرەك. لېكىن «رىم.» 4:17-21دە دېيىلگەنلەر بويىچە، ئىبراھىم تېزلا تولۇق ئىشەنچكە كەلدى. ئۇنىڭ بولغۇسى ئوغلى «ئىسھاق»نىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسى «كۈلكە»دۇر.

18:17 **«ئىسمائىل سېنىڭ ئالدىڭدا ياشىسا ئىدى!»** ــ مەنىسى، بەلكىم، «ئىسمائىل سەن خۇدانىڭ بەخت-بەرىكىتىگە ئېرىشسۇن!» دېگەندەكتۇر. خېلى روشەنكى، ئىبراھىم مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئىسمائىلنى خۇدا ۋەدە قىلغان ئوغلۇم، دەپ ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدى.

ئۆز ئەھدەمنى تۇزىمەن؛ بۇ ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان نەسلى بىلەن باغلىغان ئەبەدىي بىر ئەھدە سۈپىتىدە بولىدۇ. [20] ئىسمائىلغا كەلسەك، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم. مانا، مەن ئۇنى بەرىكەتلەپ، نەسلىنى كۆپەيتىپ، ئىنتايىن زور ئاۋۇتىمەن. ئۇنىڭ پۇشتىدىن ئون ئىككى ئەمىر چىقىدۇ؛ مەن ئۇنى ئۇلۇغ بىر خەلق قىلىمەن. [21] بىراق ئەھدەمنى بولسا مەن كېلەر يىلى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سارادىن تۇغۇلىدىغان ئوغلۇڭ ئىسھاق بىلەن تۇزىمەن، ــ دېدى.
[22] خۇدا ئىبراھىم بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى.
[23] شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنىلا ئىبراھىم ئۆز ئوغلى ئىسمائىلنى، ئۆز ئۆيىدە تۇغۇلغانلار ۋە پۇلغا سېتىۋالغانلارنىڭ ھەممىسىنى، يەنى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق ئەركەكلەرنى ئېلىپ، خۇدا ئۇنىڭغا ئېيتقاندەك ئۇلارنىڭ خەتنىلىكىنى كېسىپ خەتنە قىلدى.
[24] ئىبراھىمنىڭ خەتنىلىكى كېسىلىپ، خەتنە قىلىنغاندا، توقسان توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. [25] ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ خەتنىلىكى كېسىلىپ، خەتنە قىلىنغاندا، ئون ئۈچ ياشتا ئىدى. [26-27] ئىبراھىم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل دەل شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە خەتنە قىلىندى ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە ئەر كىشىلەر، مەيلى ئۆيىدە تۇغۇلغان بولسۇن ياكى ياتتىن پۇلغا سېتىۋېلىنغانلار بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەتنە قىلىندى.

## ئەرشتىن چۈشكەن ئۈچ مېھمان

19:17 **«ئىسھاق»** ــ مەنىسى «كۈلكە».
19:17 يار. 10:18؛ 2:21.
20:17 **«ئۇلۇغ بىر خەلق»** ــ بۇ ئەرەبلەردۇر.
20:17 يار. 10:16؛ 16:25،12.
21:17 يار. 2:21.

18 [1] پەرۋەردىگار مامرەدىكى دۇبزارلىقنىڭ يېنىدا ئىبراھىمغا
كۆرۈندى؛ بۇ كۈن ئەڭ ئىسسىغان ۋاقىت بولۇپ، ئۇ ئۆز
چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇراتتى. [2] ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ نەزەر
سېلىۋىدى، مانا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئۈچ كىشى ئۆرە تۇراتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ
ئۇ چېدىرىنىڭ ئىشىكىدىن قوپۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ،
يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىپ: [3] ــ ئى رەببىم، ئەگەر پېقىر نەزەرلىرىدە
ئىلتىپات تاپقان بولسام، ئۆتۈنىمەنكى، قۇللىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ
كەتمىگەيلا؛ [4] ئازغىنا سۇ كەلتۈرۈلسۇن، سىلەر پۇتلىرىڭلارنى يۇيۇپ
دەرەخنىڭ تېگىدە ئارام ئېلىۋېلىڭلار. [5] سىلەر ئۆز قۇلۇڭلارنىڭ
يېنىدىن ئۆتكەنىكەنسىلەر، مەن بىر چىشلەم نان ئېلىپ چىقاي،
سىلەر ھاردۇقۇڭلارنى چىقىرىپ، ئاندىن ئۆتۈپ كەتكەيسىلەر، دېدى.
ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ ئېيتقىنىڭدەك قىلغىن، دېيىشتى. [6] ئىبراھىم
چېدىرىغا ساراھنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇنىڭغا: ــ ئۈچ داس
ئېسىل ئۇندىن تېز خېمىر يۇغۇرۇپ توقاچ ئەتكىن، ــ دېدى.
[7] ئاندىن ئىبراھىم كالا پادىسىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۇمران ئوبدان بىر
موزاينى تاللاپ، چاكىرىغا تاپشۇردى؛ ئۇ بۇنى تېزلا تەييار قىلدى.
[8-9] ئاندىن ئىبراھىم سېرىق ماي، سۈت ۋە تەييارلاتقان موزاينى ئېلىپ
كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۇتۇپ، ئۆزى دەرەخنىڭ تېگىدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا
ئۆرە تۇردى؛ ئۇلار ئۇلاردىن يېدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن: ئايالىڭ ساراھ نەدە، دەپ
سورىۋىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ مانا، چېدىردا، دېدى.
[10] بىرسى: ــ مەن كېلەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا قېشىڭغا جەزمەن
قايتىپ كېلىمەن، ۋە مانا ئۇ ۋاقىتتا ئايالىڭ ساراھنىڭ بىر ئوغلى
بولىدۇ، ــ دېدى. ساراھ بولسا ئۇنىڭ كەينىدىكى چېدىرنىڭ

---

**2:18** ئىبر. 2:13.

**3:18** **«رەببىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئادوناي». بۇ سۆزنىڭ قارىغاندا ئىبراھىم بۇ مېھمانىنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى.

**6:18** **«ئۈچ داس»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۈچ سېئاھ». ئۈچ سېئاھ، بەلكىم 22 لىتر ئۇن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئىشىكىدە تۇرۇپ، بۇلارنى ئاڭلاۋاتاتتى.
[11] ئىبراھىم بىلەن ساراھ ئىككىسى ياشىنىپ، قېرىپ قالغانىدى؛ ساراھتا ئايال كىشىلەردە بولىدىغان ئادەت كۆرۈش توختاپ قالغانىدى. [12] شۇڭا ساراھ ئۆز ئىچىدە كۈلۈپ: ــ مەن شۇنچە قېرىپ كەتكەن تۇرسام، راستىنلا لەززەت كۆرەلەرمەنمۇ؟ ئېرىممۇ قېرىپ كەتكەن تۇرسا؟ ــ دەپ خىيال قىلدى.
[13] پەرۋەردىگار ئىبراھىمغا: ــ ساراھنىڭ: «مەن قېرىپ كەتكەن تۇرسام، راستىنلا بالا تۇغارمەنمۇ؟» دەپ كۈلگىنى نېمىسى؟ [14] پەرۋەردىگارغا مۇمكىن بولمايدىغان تىلسىمات ئىش بارمۇ؟ بېكىتكەن ۋاقىتتا، يەنى كېلەر يىلى دەل بۇ چاغدا قايتىپ كېلىمەن ۋە ئۇ ۋاقىتتا ساراھنىڭ بىر ئوغلى بولىدۇ، ــ دېدى.
[15] ئەمما ساراھ قورقۇپ كېتىپ: ــ كۈلمىدىم، دەپ ئىنكار قىلدى. لېكىن ئۇ: ــ ياق، سەن كۈلدۈڭ، ــ دېدى.

## ئىبراھىمنىڭ خۇدادىن جىيەنى لۇت ئۈچۈن ئۆتۈنۈشى

[16] ئاندىن بۇ زاتلار ئۇ يەردىن قوپۇپ، سودوم تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئىبراھىممۇ ئۇلارنى ئۇزىتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى.
[17] پەرۋەردىگار: ــ مەن قىلىدىغان ئىشىمنى ئىبراھىمدىن يوشۇرسام بولامدۇ؟ [18] چۈنكى ئىبراھىمدىن ئۇلۇغ ۋە كۈچلۈك بىر ئەل چىقىدۇ ۋە شۇنىڭدەك يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەل-مىللەتلەر ئۇ ئارقىلىق بەخت-بەرىكەتكە مۇيەسسەر بولىدىغان تۇرسا؟ [19] چۈنكى مەن ئۇنى بىلىپ تاللىغانمەن؛ ئۇ چوقۇم ئۆز بالىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئۆزىگە

**10:18** «**بىرسى**» ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ».
**10:18** يار. 19:17، 21؛ 2:21.
**11:18** يار. 17:17؛ رىم. 19:4؛ ئىبر. 11:11.
**12:18** ھاك. 26:19؛ 1پېت. 6:3.
**14:18** مات. 26:19؛ لۇقا 37:1.
**17:18** ئام. 7:3.
**18:18** يار. 3:12؛ 18:22؛ 4:26؛ روس. 25:3؛ گال. 8:3.

ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ھەققانىيلىقنى
ۋە ئادالەتنى يۈرگۈزۈشنى ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەنكى پەرۋەردىگار
ئىبراھىم توغرۇلۇق قىلغان ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، ــ دېدى.
[20] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى: ــ «سودوم ۋە گوموررا توغرۇلۇق
كۆتۈرۈلگەن داد-پەرياد ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇلارنىڭ گۇناھى
ئىنتايىن ئېغىر بولغىنى ئۈچۈن، [21] مەن ھازىرلا چۈشىمەن،
قىلمىشلىرى راستتىنلا شۇ داد-پەريادلاردىن ماڭا مەلۇم بولغاندەك
شۇنچە رەزىلمۇ، بىلىپ باقاي؛ ئۇنچە رەزىل بولمىغاندىمۇ، مەن ئۇنى
بىلىشىم كېرەك».
[22] شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر ئۇ يەردىن قوزغىلىپ، سودوم تەرەپكە
يول ئالدى. لېكىن ئىبراھىم يەنىلا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۆرە
تۇراتتى.
[23] ئىبراھىم يېقىن بېرىپ: ــ سەن راستتىنلا ھەققانىيلارنى رەزىللەر
بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلامسەن؟ [24] شەھەردە ئەللىك ھەققانىي كىشى
بار بولۇشى مۇمكىن؛ سەن راستتىنلا شۇ جاينى ھالاك قىلامسەن،
ئەللىك ھەققانىي كىشى ئۈچۈن ئۇ جاينى كەچۈرۈم قىلمامسەن؟
[25] ياق، ياق! بۇ ئىش سەندىن نېرى بولغاي! ھەققانىيلارنى رەزىللەرگە
قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ، ھەققانىيلارغا رەزىللەرگە ئوخشاش مۇئامىلە
قىلىش سەندىن نېرى بولغاي! پۈتكۈل جاھاننىڭ سوراقچىسى

19:18 **«چۈنكى مەن ئۇنى بىلىپ تاللىغانمەن؛ ئۇ چوقۇم ئۆز بالىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى مەن... ئۇ ئۆز بالىلىرىنى ۋە ئۆيىدىكىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تۇتقۇزۇپ، ئۇلارغا ھەققانىيلىقنى ۋە ئادالەتنى ئۆگەتسۇن دەپ ئۇنى بىلىپ تاللىۋالدىم». لېكىن بۇنداق تەرجىمە ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا ئانچە ماس كەلمەيدۇ.

20:18 **«سودوم بىلەن گوموررا توغرۇلۇق كۆتۈرۈلگەن داد-پەرياد»** ــ بۇ پەرياد شۈبھىسىزكى، سودوم بىلەن گوموررا تەرىپىدىن خورلانغان ۋە زۇلۇم يېگەنلەردىن كۆتۈرۈلگەن بولسا كېرەك («ئەز.» 49:16نى كۆرۈڭ).

22:18 **«بۇ كىشىلەر»** ــ كېيىنكى بايانلار بويىچە، پەرۋەردىگار ئىبراھىم بىلەن قالدى؛ قالغان ئىككى زات سودومغا ماڭىدۇ ۋە شۇ يەردە (19-باب) لۇتنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. شۇ ئىككى زات پەرىشتىلەر ئىدى (1:19).

ئادالەت يۈرگۈزمەمدۇ؟ ــ دېدى.
[26] پەرۋەردىگار جاۋاب بېرىپ: ــ ئەگەر مەن سودوم شەھرىدە ئەللىك ھەققانىينى تاپسام، ئۇلار ئۈچۈن پۈتكۈل جاينى ئاياپ قالىمەن، ــ دېدى.
[27] ئاندىن ئىبراھىم جاۋاب بېرىپ: ــ مانا مەن پەقەت توپا بىلەن كۈلدىن ئىبارەت بولسامۇ، مەن ئىگەم بىلەن سۆزلەشكىلى يەنە پېتىنالىدىم. [28] مۇبادا شۇ ئەللىك ھەققانىيدىن بەش كىشى كەم بولسا، سەن بۇ بەش كىشىنىڭ كەم بولغىنى ئۈچۈن پۈتكۈل شەھەرنى يوقىتامسەن؟ ــ دېدى.
ئۇ: ــ ئەگەر مەن شۇ يەردە قىرىق بەشنى تاپسامۇ، ئۇنى يوقاتمايمەن، دېدى.
[29] ئىبراھىم ئۇنىڭغا سۆزىنى داۋام قىلىپ: ــ شۇ يەردە قىرىق كىشىلا تېپىلىشى مۇمكىن، دېۋىدى، پەرۋەردىگار: ــ بۇ قىرىقى ئۈچۈن ئۇنى يوقاتمايمەن، ــ دېدى.
[30] ئۇ يەنە سۆز قىلىپ: ئى ئىگەم، خاپا بولمىغايسەن، مەن يەنە سۆز قىلاي. شۇ يەردە ئوتتۇزى تېپىلىشى مۇمكىن؟ ــ دېدى.
ئۇ: ــ ئەگەر مەن ئۇ يەردە ئوتتۇزنى تاپسامۇ، يوقاتمايمەن، ــ دېدى.
[31] ئۇ يەنە سۆز قىلىپ: ــ مانا ئەمدى مەن ئىگەم بىلەن سۆزلەشكىلى جۈرئەت قىلدىم؛ شۇ يەردە يىگىرمىسى تېپىلىشى مۇمكىن، ــ دېدى.
پەرۋەردىگار سۆز قىلىپ: بۇ يىگىرمىسى ئۈچۈن ئۇ يەرنى يوقاتمايمەن، ــ دېدى.
[32] ئۇ سۆزلەپ: ــ ئى ئىگەم، خاپا بولمىغاي، مەن پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا سۆز قىلاي! شۇ يەردە ئونى تېپىلىشى مۇمكىن، دېۋىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ مەن ئونى ئۈچۈن ئۇنى يوقاتمايمەن، ــ دېدى.
[33] پەرۋەردىگار ئىبراھىم بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن كەتتى؛ ئىبراھىممۇ ئۆز جايىغا قايتىپ كەتتى.

## سودوم شەھىرىدىكىلەرنىڭ رەزىللىكى

25:18 رىم. 6:3.

19 1 ئىككى پەرىشتە كەچتە سودومغا يېتىپ كەلدى؛ شۇ
چاغدا لۇت سودومنىڭ دەرۋازىسىدا ئولتۇراتتى. لۇت ئۇلارنى
كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىغا چىقىپ يۈزى يەرگە تەگكۈدەك
تەزىم قىلىپ: 2 ــ مانا، ئەي خوجىلىرىم، كەمىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە
چۈشۈپ پۇتلىرىڭلارنى يۇيۇپ قونۇپ قالغايسىلەر؛ ئاندىن ئەتە
سەھەر قوپۇپ يولغا چىقساڭلارمۇ بولىدۇ، دېدى، بۇلار جاۋابەن:
ــ ياق، بىز شەھەر مەيدانىدا كەچلەيمىز، ــ دېدى.
3 ئەمما ئۇ ئۇلارنى چىڭ تۇتۇۋېدى، ئاخىر ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىرىپ
ئۆيىگە كىردى. ئۇ ئۇلارغا داستىخان سېلىپ، پېتىر توقاچلارنى
پىشۇرۇپ بەردى، ئۇلار غىزالاندى.
4 ئۇلار تېخى ياتمىغاندى، شەھەردىكىلەر، يەنى سودومنىڭ
ئەركەكلىرى، ياش، قېرى ھەممىسى ھەرقايسى مەھەللىلەردىن
كېلىپ ئۆينى قورشىۋالدى؛ 5 ئۇلار لۇتنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ بۈگۈن
كەچتە سېنىڭكىگە كىرگەن ئادەملەر قېنى؟ ئۇلارنى بىزگە چىقىرىپ
بەر، بىز ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلىمىز، ــ دېدى.
6 لۇت دەرۋازىنىڭ ئالدىغا، ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئىشىكنى
يېپىۋېتىپ، 7 ئۇلارغا: ــ ئەي بۇرادەرلىرىم، مۇنداق رەزىللىكنى
قىلماڭلار! 8 مانا، تېخى ھېچ ئەر بىلەن بىللە بولمىغان ئىككى قىزىم
بار؛ ئۇلارنى سىلەرگە چىقىرىپ بېرەي. ئۇلار بىلەن خالىغىنىڭلارنى
قىلىڭلار. ئەمما بۇ ئادەملەر ئۆگزەمنىڭ سايىسى ئاستىغا
كىرگەنىكەن، سىلەر ئۇلارنى ھېچنېمە قىلماڭلار! ــ دېدى.
9 لېكىن ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «نېرى تۇر!» دېگىنىچە، يەنە: ــ بۇ يەردە
تۇرۇشقا كەلگەن بۇ مۇساپىر ھاكىم بولماقچىمىكەن؟ ئەمدى ساڭا
ئۇلارغا قىلغاندىنمۇ بەتتەر يامانلىق قىلىمىز! ــ دەپ لۇتنى قىستاپ،

---

**1:19** **«دەرۋازىسىدا ئولتۇراتتى»** ــ كونا زامانلاردا پەقەت شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە ئاقساقاللىرى دەرۋازىدا ئولتۇرۇشقا مۇيەسسەر ئىدى. شۇڭا لۇت سودوم شەھرىدە «مۆتىۋەر» ھېسابلىناتتى.

**2:19** يار. 4:18.

**3:19** ئىبر. 2:13.

ئىشىكنى چېقىشقا باستۇرۇپ كەلدى.
10 ئەمما ئۇ ئىككى كىشى قوللىرىنى ئۇزىتىپ لۇتنى ئۆيگە ئۇز
قېشىغا تارتىپ ئەكىرىۋېلىپ، ئىشىكنى تاقىۋالدى 11 ۋە ئۆينىڭ
دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئادەملەرنى كىچىكىدىن تارتىپ
چوڭىغىچە كورلۇققا مۇپتىلا قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرۋازىنى
ئىزدەپ، ھالىدىن كەتتى.

## لۇتنىڭ سودومدىن قېچىشى

12 ئاندىن ئىككەيلەن لۇتقا: ــ مۇشۇ يەردە يەنە بىرەر كىمىڭ
بارمۇ؟ كۈيئوغۇل، ئوغۇل ياكى قىزلىرىڭ ۋە ياكى شەھەردە باشقا
ئادەملىرىڭ بولسا ئۇلارنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكىن! 13 چۈنكى
بىز بۇ يەرنى يوقىتىمىز؛ چۈنكى ئۇلار توغرۇلۇق كۆتۈرۈلگەن
داد-پەرياد پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچ،
پەرۋەردىگار بىزنى ئۇنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى، ــ دېدى.
14 شۇنىڭ بىلەن لۇت تاشقىرىغا چىقىپ، قىزلىرىنى ئالىدىغان
بولغۇسى كۈيئوغۇللىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئەمدى قوپۇپ بۇ يەردىن
چىقىپ كېتىڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار شەھەرنى يوقىتىدۇ» ــ دېدى.
ئەمما ئۇ بولغۇسى كۈيئوغۇللىرىنىڭ نەزىرىگە چاقچاق قىلغاندەك
كۆرۈندى.
15 تاڭ ئاتقاندا، پەرىشتىلەر لۇتنى ئالدىرىتىپ: ــ ئەمدى قوپۇپ ئايالىڭ
بىلەن قېشىڭدىكى ئىككى قىزىڭنى ئالغىن؛ بولمىسا شەھەرنىڭ
قەبىھلىكىگە چېتىلىپ قېلىپ، ھالاك بولىسەن، ــ دېدى.
16 ئەمما ئۇ تېخىچە ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا
رەھىم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىككىيلەن لۇتنىڭ قولىنى، ئايالىنىڭ
قولىنى ۋە ئىككى قىزىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى شەھەرنىڭ
سىرتىغا ئەچىقىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. 17 ئۇلارنى چىقارغاندىن
كېيىن شۇ ئىش بولدىكى، ئۇلاردىن بىرى ئۇنىڭغا: ــ جېنىڭنى ئېلىپ

**9:19** مىس. 14:2؛ روس. 27:7؛ 2پېت. 7:2، 8.

**قاچ، ھالاك بولماسلىقىڭ ئۈچۈن كەينىڭگە قارىماي، تۈزلەڭلىكتىكى**
**ھېچ يەردە توختىماي، تاغقا قاچقىن! ــ دېدى.**
**[18] لېكىن لۇت ئۇلارغا: ــ ئۇنداق بولمىغاي، ئەي خوجام، ئۆتۈنۈپ قالاي!**
**[19] مانا، كەمىنەڭ كۆزۈڭدە ئىلتىپات تاپتى، جېنىمنى قۇتقۇزدۇڭ، ماڭا**
**زور مەرھەمەت كۆرسەتتىڭ؛ ئەمما مەن تاغقا قاچالمايمەن؛ ئۇنداق**
**قىلسام، ماڭا بىرەر ئاپەت چۈشۈپ، ئۆلۈپ كېتەرمەنمىكىن. [20] قارا، ئاۋۇ**
**شەھەرگە قېچىپ بارسا بولغۇدەك ناھايىتى يېقىن ئىكەن، شۇنداقلا**
**كىچىك شەھەر ئىكەن! ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ شۇ يەرگە قېچىشىمغا**
**يول قويغايسەن! ئۇ كىچىك شەھەر ئەمەسمۇ؟! جېنىم شۇ يەردە ئامان**
**قالىدۇ! ــ دېدى.**
**[21] پەرىشتە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ خەير، بۇ ئىشتىمۇ ساڭا ماقۇل**
**بولاي، سەن ئېيتقان شۇ شەھەرنى ۋەيران قىلماي. [22] ئەمدى ئۇ يەرگە**
**تېزدىن قېچىپ بارغىن؛ چۈنكى سەن شۇ يەرگە يېتىپ بارمىغۇچە**
**ھېچ ئىش قىلالمايمەن، ــ دېدى. شۇڭا ئۇ شەھەرنىڭ ئىسمى «زوئار»**
**دەپ ئاتالغان.**

---

18:19 **«خوجام»** ــ ياكى «رەببىم».

22:19 **«زوئار»** ــ مەنىسى «كىچىك».

—لۇتنىڭ بۇ ئىلتىماسى تولىمۇ غەلىتە ئىدى: (1) زوئار ئەسلىدە «تۈزلەڭلىكتىكى بەش شەھەر»دىن بىرى بولۇپ (2:14)، سودوم بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. شۇنداقلا سودومغا ئوخشاش گۇناھلارغا پېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا پەرىشتىلەر ئەسلىدە زوئارنى يوقاتماقچى بولغان (22-ئايەت)؛ (2) لۇت سودوم شەھىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە خەتەرلىكىنى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر شەھەرگە قاچماقچى بولدى؛ (3) گەرچە خۇدا ئاجايىب يول بىلەن ئۇنى ۋە ئائىلىسىدىكىلىرىنى قۇتقۇزغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا «تاغقا قېچىش»تىن قورقتى، ئۇ بەلكى «بىرەر ئاپەت بېشىمغا چۈشۈشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇلار ئۇنىڭ ئېتىقادسىزلىقى ئىدى. (4) بىزنىڭچە، ئۇنىڭ شۇنداق ئىلتىماس قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ ««سېپىللىق شەھەر» ئىچىدە تۇرسام ئامان-ئېسەن بولىمەن» دەپ بىلدى. ئىبراھىم بولسا خۇدانىڭ باشپاناھلىقىغا ئىشىنىپ، سېپىلسىز چېدىرلاردا تۇرۇپ، تولىمۇ خاتىرجەم ياشىدى. (5) ئاخىر بېرىپ لۇت زوئاردا خاتىرجەم بولالماي يەنىلا تاغقا چىقىپ شۇ يەرنى ماكان قىلدى (30-ئايەت). بۇ ۋەقەلەر توغرۇلۇق يەنە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىمۇ ئازراق توختىلىمىز.

## سودوم بىلەن گومورا شەھەرلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى

[23] لۇت زوئارغا يېتىپ بارغاندا كۈن نۇرى يەر يۈزىگە چېچىلغانىدى.
[24] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار پەرۋەردىگاردىن سودوم بىلەن گوموررانىڭ
ئۈستىگە ئەرشتىن گۈڭگۈرت ۋە ئوت ياغدۇرۇپ، [25] شۇ شەھەرلەرنى،
پۈتكۈل تۈزلەڭلىكنى ھەمدە شەھەرلەردىكى بارلىق ئاھالىلەر ۋە
يەردىن ئۈنگەنلەرنى قوشۇپ بەربات قىلدى.
[26] لېكىن لۇتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ئايالى كەينىگە قارىۋىدى، تۇز
تۈۋرۈككە ئايلىنىپ قالدى.
[27] ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئىبراھىم قوپۇپ ئىلگىرى پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا تۇرغان جايغا چىقىپ، [28] سودوم بىلەن گوموررا تەرەپكە،
شۇنداقلا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەممە يېرىگە نەزەر سېلىۋىدى، مانا، يەر
يۈزىدىن خۇمداننىڭ تۈتۈنىدەك تۈتۈن ئۆرلەۋاتقىنىنى كۆردى. [29] ئەمما
شۇنداق بولدىكى، خۇدا ئۇ تۈزلەڭلىكتىكى شەھەرلەرنى ۋەيران
قىلغاندا، ئۇ ئىبراھىمنى ئېسىگە ئېلىپ، لۇت تۇرغان شەھەرلەرنى
بەربات قىلغاندا ئۇنى بالايىئاپەتنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ قۇتقۇزدى.

## لۇت ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى

[30] ئەمما لۇت زوئار شەھىرىدە تۇرۇشتىن قورققاچقا، زوئاردىن كېتىپ،
تاغقا چىقىپ، ئىككى قىزى بىلەن شۇ يەردە ماكانلاشتى. ئۇ ئىككى
قىزى بىلەن بىر ئۆڭكۈردە تۇردى. [31] ئەمدى چوڭ قىز كىچىككىگە: ــ
ئاتىمىز بولسا قېرىپ كەتتى؛ دۇنيانىڭ قائىدە-يوسۇنى بويىچە بۇ
يۇرتتا بىزگە يېقىنچىلىق قىلىدىغان ھېچ ئەر كىشى قالمىدى.

---

24:19 **«شۇ چاغدا پەرۋەردىگار پەرۋەردىگاردىن...»** ــ بۇ ئايەتنىڭ بىردىنبىر چۈشەنچىسى خۇدانىڭ «ئۈچتە بىر» بولغانلىقىدۇر. يەش. 19:13، يەر. 40:50، ئام. 11:4نىمۇ كۆرۈڭ.

**24:19** قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 16:20؛ 18:49؛ 40:50؛ يىغ. 6:4؛ ئەز. 50:16؛ ھوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ زەف. 9:2؛ لۇقا 29:17؛ 2پېت. 6:2؛ يەھ. 7.

**26:19** لۇقا 32:17.

29:19 **«ئۇ ئىبراھىمنى ئېسىگە ئېلىپ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خۇدا ئىبراھىمنى ئېسىگە ئېلىپ...».

[32] قېنى، ئاتىمىزنى شاراب بىلەن مەست قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن
بىللە ياتايلى؛ شۇنداق قىلساق، بىز پەرزەنت كۆرۈپ ئاتىمىزنىڭ
ئۇرۇقىنى قالدۇرالايمىز، ــ دېدى.
[33] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ كېچىسى ئاتىسىغا شاراب ئىچكۈزۈپ مەست
قىلىپ قويۇپ، چوڭ قىزى كىرىپ ئاتىسى بىلەن ياتتى. لېكىن لۇت
ئۇنىڭ كىرىپ ياتقىنىنىمۇ، قوپۇپ كەتكىنىنىمۇ ھېچ سەزمىدى.
[34] ئەتىسى شۇنداق بولدىكى، چوڭى كىچىكىگە: ــ مانا، مەن ئاخشام
ئاتام بىلەن ياتتىم؛ بۈگۈن كەچتىمۇ ئۇنىڭغا يەنە شاراب ئىچكۈزەيلى؛
شۇنىڭ بىلەن سەن كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ياتقىن؛ شۇنداق قىلىپ، ھەر
ئىككىمىز پەرزەنت كۆرۈپ ئاتىمىزنىڭ نەسلىنى قالدۇرالايمىز، ــ دېدى.
[35] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ كېچىسى ئاتىسىغا شاراب ئىچكۈزۈپ مەست
قىلىپ قويۇپ، كىچىك قىزى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ياتتى. ئەمما لۇت ئۇنىڭ كىرىپ ياتقىنىنىمۇ، قوپۇپ كەتكىنىنىمۇ
ھېچ سەزمىدى.
[36] شۇنداق قىلىپ، لۇتنىڭ ئىككىلا قىزى ئۆز ئاتىسىدىن ھامىلدار
بولۇپ قالدى. [37] چوڭى بولسا ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنى موئاب
قويدى؛ ئۇ بۈگۈنكى موئابىيلارنىڭ ئاتىسىدۇر.
[38] كىچىكىمۇ ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنى بەن-ئاممى قويدى. ئۇ
بۈگۈنكى ئاممونىيلارنىڭ ئاتىسىدۇر.

## ئىبراھىم بىلەن ئابىمەلەك

20 [1] ئىبراھىم ئۇ يەردىن چىقىپ، جەنۇب تەرەپتىكى نەگەۋگە
كۆچۈپ كېلىپ، قادەش بىلەن شۇرنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ قالدى؛
بىر مەزگىلدىن كېيىن گەراردا ئولتۇراقلاشتى. [2] شۇ يەردە ئىبراھىم
ئايالى ساراھ توغرىسىدا: «ئۇ مېنىڭ سىڭلىمدۇر»، دېگەندى.

37:19 **«موئاب»** ــ «ئاتىنىڭ سۈيى» ياكى «ئاتىدىن بولغان».
38:19 **«بەن-ئاممى»** ــ مەنىسى: «خەلقىمنىڭ ئوغلى».

**شۇنىڭ بىلەن گەرارنىڭ پادىشاھى ئابىمەلەك ئادەم ئەۋەتىپ، ساراھنى
ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا ئېلىۋالدى.
3 لېكىن بىر كۈنى كېچىسى چۈشىدە خۇدا ئابىمەلەككە كېلىپ
ئۇنىڭغا: ــ مانا، سەن ئۆزۈڭگە ئېلىۋالغان ئايال سەۋەبىدىن ئەمدى
ئۆلگەن ئادەمدۇرسەن؛ چۈنكى ئۇ باشقا بىرسىنىڭ ئايالىدۇر ــ دېدى.
4 ئەمما ئابىمەلەك ئۇنىڭغا تېخى يېقىنچىلىق قىلمىغانىدى. ئۇ
خۇداغا: ــ ئى رەب، ھەققانىي بىر خەلقنىمۇ ھالاك قىلامسەن؟ 5 ئۇ
ئۆزىمۇ ماڭا: «ئۇ مېنىڭ سىڭلىم» دەپ ئېيتمىدىمۇ؟ يەنە كېلىپ، بۇ
ئايالمۇ «ئۇ مېنىڭ ئاكام»، دەپ ئېيتقانىدى. مەن بولسام ساپ كۆڭلۈم
ۋە دۇرۇس نىيىتىم بىلەن بۇ ئىشنى قىلدىم، ــ دېدى.
6 خۇدا چۈشىدە ئۇنىڭغا يەنە: ــ بۇ ئىشنى ساپ كۆڭۈل بىلەن
قىلغىنىڭنى بىلىمەن؛ شۇ سەۋەبتىن مەن سېنى ئالدىمدا گۇناھ
قىلىشتىن توسۇپ، ئۇنىڭغا تېگىشىڭگە قويمىدىم. 7 ئەمدى ئۇ
كىشىنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەر؛ چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر،
ئۇ سېنىڭ ھەققىڭدە دۇئا قىلىدۇ ۋە سەن تىرىك قالىسەن. ئەگەر
ئۇنى ياندۇرۇپ بەرمىسەڭ شۇنى بىلىپ قويغىنكى، سەن ۋە ھەممە
ئادەملىرىڭ قوشۇلۇپ جەزمەن ئۆلىسىلەر، ــ دېدى.
8 ئابىمەلەك ئەتىگەن تاڭ سەھەردە قوپۇپ، ھەممە خىزمەتكارلىرىنى
چاقىرىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا سالدى؛ بۇ
ئادەملەر ناھايىتى قورقۇشۇپ كەتتى. 9 ئاندىن ئابىمەلەك ئىبراھىمنى
چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ بۇ بىزگە نېمە قىلغىنىڭ؟ مەن ساڭا زادى نېمە
گۇناھ قىلدىم، سەن مەن ۋە پادىشاھلىقىمغا ئېغىر بىر گۇناھنى
يۈكلەپ قويدۇڭ؟ ماڭا قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلدىڭ! ــ دېدى.**

**2:20** يار. 13:12؛ 7:26.

**4:20 «ھەققانىي خەلقنىمۇ ھالاك قىلامسەن؟»** ــ ئابىمەلەكنىڭ ئۆيدىكىلەرگە، بولۇپمۇ قىز-ئاياللارغا بىر خىل ۋابا چۈشكەنىدى (18-ئايەت). شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇ پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقى ئۈچۈن رەھىم تىلىمەكچى. ئابىمەلەكنىڭ كۆپ جەھەتلەردە خېلى ياخشى تەرەپلىرى بار.

5:20 **«ساپ كۆڭلۈم ۋە دۇرۇس نىيىتىم بىلەن...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قولۇمنىڭ پاكلىقى بىلەن...».

10 ئابىمەلەك ئىبراھىمغا يەنە: ــ سەن زادى بىزنىڭ نېمە ئىشىمىزنى
كۆرگىنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭ؟ ــ دېدى.
11 ئىبراھىم جاۋاب بېرىپ: ــ «بۇ يەردە شۈبھىسىزكى ھېچكىم خۇدادىن
قورقمايدىكەن، ئۇلار مېنى ئايالىم تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ»، دەپ
ئويلىغانىدىم. 12 ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مېنىڭ سىڭلىم ئىكەنلىكى
راست، لېكىن ئۇ مېنىڭ ئاتا بىر، ئانا بۆلەك سىڭلىم؛ كېيىن ئۇ مېنىڭ
ئايالىم بولدى. 13 لېكىن خۇدا مېنى ئاتامنىڭ ئۆيىدىن چىقىرىپ
سەرگەردانلىققا يۈرگۈزگىنىدە، مەن ئايالىمغا: ــ بىز قەيەرگىلا بارساق،
سەن ماڭا شۇنداق شاپائەت كۆرسەتكەيسەنكى، مېنىڭ توغرامدا: «بۇ
مېنىڭ ئاكام بولىدۇ»، دېگىن، ــ دەپ ئېيتقانىدىم ــ دېدى.
14 ئاندىن ئابىمەلەك قوي-كالىلار، قۇللار ۋە دېدەكلەرنى ئېلىپ ئۇلارنى
ئىبراھىمغا بەردى ۋە ئايالى ساراھنىمۇ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.
15 ئابىمەلەك: ــ مانا مېنىڭ زېمىنىم بولسا ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ؛ كۆزۈڭگە
قايسى يەر ياقسا شۇ يەردە تۇرغىن، ــ دېدى.
16 ئۇ ساراھقا: «مانا، مەن ئاكاڭغا مىڭ كۈمۈش تەڭگە بەردىم؛ مانا
بۇلار ئۆز يېنىڭدىكىلەر، شۇنداقلا ھەممە ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا
ئۇياتنى ياپقۇچى بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سەن ھەرقانداق داغ-
ئەيىبتىن خالاس بولىسەن». 17-18 ئىبراھىم خۇداغا دۇئا قىلدى، خۇدا
ئابىمەلەك، ئايالى ۋە كېنىزەكلىرىنى ساقايتتى؛ ئاندىن ئۇلار يەنە

**10:20 «سەن زادى بىزنىڭ نېمە ئىشىمىزنى كۆرگىنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭ؟»** ــ ئابىمەلەك بۇ ئىككىنچى سوئالنى بەلكىم ھەقىقىي كەمتەرلىك بىلەن سورىغان بولسا كېرەك. ئۇ شۈبھىسىزكى خۇدادىن قورققاچقا، خۇدانىڭ ئىبراھىم توغرۇلۇق «ئۇ پەيغەمبەر» دېگەن سۆزىنى ئېسىدىن چىقارمىدى.

**12:20 «لېكىن ئۇ مېنىڭ ئاتا بىر، ئانا بۆلەك سىڭلىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «لېكىن ئۇ ئانامنىڭ قىزى ئەمەس، بەلكى ئاتامنىڭ قىزى ئىدى».

**13:20 «يۈرگۈزگىنىدە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇ پېئىل كۆپلۈك شەكلىدە.

**13:20** يار. 13:12.

**16:20 «شۇنىڭ بىلەن سەن ھەرقانداق داغ-ئەيىبتىن خالاس بولىسەن»** ــ بىز شۇ زاماندىكى ئۆرپ-ئادەتلەردىن تولۇق خەۋەردار بولمىغاچقا، ئابىمەلەكنىڭ بۇ سوۋغىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھازىر چۈشىنىشىمىز تەسرەك بولىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇنىڭ مەقسىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

بالا تۇغالايدىغان بولدى؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئىبراھىمنىڭ ئايالى
ساراھ تۇپەيلىدىن ئابىمەلەكنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە خوتۇنلارنىڭ
بالىياتقۇلىرىنى ئېتىپ قويغانىدى.

## ئىسھاقنىڭ دۇنياغا كېلىشى

21 [1] ئەمدى پەرۋەردىگار ۋەدە قىلغىنىدەك ساراھنى يوقلىدى؛
پەرۋەردىگار ساراھقا دېگىنىدەك قىلدى. [2] ساراھ ھامىلىدار
بولۇپ، ئىبراھىم قېرىغاندا خۇدا ئۇنىڭغا بېكىتكەن ۋاقىتتا بىر
ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. [3] ئىبراھىم ئۆزىگە تۆرەلگەن ئوغلى، يەنى ساراھ
ئۇنىڭغا تۇغۇپ بەرگەن ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئىسھاق قويدى. [4] ئاندىن
ئىبراھىم خۇدا ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىدەك ئۆز ئوغلى ئىسھاق تۇغۇلۇپ
سەككىزىنچى كۈنى خەتنە قىلدى. [5] ئوغلى ئىسھاق تۇغۇلغان چاغدا،
ئىبراھىم يۈز ياشتا ئىدى. [6] ساراھ: «خۇدا مېنى كۈلدۈرۈۋەتتى؛ ھەركىم
بۇ ئىشنى ئاڭلىسا، مەن بىلەن تەڭ كۈلۈشىدۇ»، دېدى.
[7] ئۇ يەنە: ــ كىممۇ ئىبراھىمغا: «ساراھ بالا ئېمىتىدىغان بولىدۇ!»
دەپ ئېيتالايتتى؟ چۈنكى ئۇ قېرىغاندا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ
بەردىم! ــ دېدى.

---

1:21 **«پەرۋەردىگار ... ساراھنى يوقلىدى»** ــ تەۋرات-ئىنجىلدا، خۇدا مەلۇم كىشىنى ياكى مەلۇم خەلقنى «يوقلاپ» ئۇنىڭغا ياكى ئۇلارغا يېقىنلاشسا، ياكى ئالاھىدە بەخت-بەرىكەت، شاپائەت كۆرسىتىدۇ، ياكى قاتتىق جازالايدۇ. مۇشۇ يەردە بەخت-بەرىكەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە. —بۇ ئىشتا قىزىق بىر يېرى شۇكى، ئىبراھىم باشقىلار ئۈچۈن «ئۇلار بالىلىق بولسۇن» (18-17:20) دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ پەرزەنت كۆرىدۇ.

**1:21** يار. 17:19؛ 10:18.

**2:21** يار. 10:18، 14؛ گال. 23:4؛ ئىبر. 11:11.

3:21 **«ئىسھاق»** ــ «كۈلكە».

**4:21** يار. 10:17.

## ھەجەر بىلەن ئىسمائىلنىڭ قوغلىنىشى

[8] بالا چوڭ بولۇپ، ئەمچەكتىن ئايرىلدى. ئىسھاق ئەمچەكتىن
ئايرىلغان كۈنى ئىبراھىم چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەردى. [9] ئەمما
ساراھ مىسىرلىق ھەجەرنىڭ ئىبراھىمغا تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇلنىڭ
ئىسھاقنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. [10] شۇنىڭ بىلەن
ئۇ ئىبراھىمغا: ــ بۇ دېدەك بىلەن ئوغلىنى ھەيدىۋەت! چۈنكى بۇ
دېدەكنىڭ ئوغلى مېنىڭ ئوغلۇم ئىسھاق بىلەن تەڭ ۋارىس بولسا
بولمايدۇ!، ــ دېدى.
[11] ساراھنىڭ بۇ سۆزى ئىبراھىمغا تولىمۇ ئېغىر كەلدى؛ چۈنكى
ئىسمائىلمۇ ئۇنىڭ ئوغلى-دە! [12] لېكىن خۇدا ئىبراھىمغا: ــ بالاڭ ۋە
دېدىكىڭ ۋەجىدىن بۇ سۆز ساڭا ئېغىر كەلمىسۇن، بەلكى ساراھنىڭ
ساڭا دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە قۇلاق سالغىن؛ چۈنكى ئىسھاقتىن
بولغىنى سېنىڭ نەسلىڭ ھېسابلىنىدۇ. [13] لېكىن دېدەكنىڭ
ئوغلىدىنمۇ بىر خەلق-مىللەت پەيدا قىلىمەن، چۈنكى ئۇمۇ سېنىڭ
نەسلىڭ، ــ دېدى.
[14] ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىبراھىم قوپۇپ، نان بىلەن بىر تۇلۇم سۇنى
ئېلىپ ھەجەرگە بېرىپ، ئۈشنىسىگە يۈدكۈزۈپ، بالىنى ئۇنىڭغا
تاپشۇرۇپ، ئىككىسىنى يولغا سېلىپ قويدى. ھەجەر كېتىپ، بەئەر-
شېبانىڭ چۆلىدە كېزىپ يۈردى. [15-16] ئەمدى تۇلۇمدىكى سۇ تۈگەپ
كەتكەندى؛ ھەجەر بالىنى بىر چاتقالنىڭ تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ،
ئۆز-ئۆزىگە: «بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ چىدىمايمەن» دەپ، بىر
ئوق ئېتىمچە يىراققا بېرىپ، ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. ئۇ ئۇدۇلدا ئولتۇرۇپ،
پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىدى.

---

**10:21** گال. 30:4.

**11:21** **«ئېغىر»** ــ ياكى «يامان».

**12:21** رىم. 9:7؛ ئىبر. 18:11.

**13:21** يار. 10:16؛ 20:17.

**14:21** **«بالا»** ــ شۇ ۋاقىتتا ئىسمائىل 15-16 ياشقا كىرگەنىدى.

[17] خۇدا ئوغۇلنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئاسماندىن ھەجەرنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ ئەي ھەجەر، ساڭا نېمە بولدى؟ قورقمىغىن؛ چۈنكى خۇدا ئوغۇلنىڭ يىغا ئاۋازىنى ياتقان يېرىدىن ئاڭلىدى. [18] ئەمدى قوپۇپ، قولۇڭ بىلەن بالىنى يۆلەپ تۇرغۇز؛ چۈنكى مەن ئۇنى ئۇلۇغ بىر ئەل-مىللەت قىلىمەن، ــ دېدى. [19] شۇئان خۇدا ھەجەرنىڭ كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۇ بىر قۇدۇقنى كۆردى. ئۇ بېرىپ تۇلۇمغا سۇ تولدۇرۇپ، ئوغۇلغا ئىچكۈزدى.
[20] خۇدا ئۇ بالا بىلەن بىللە بولدى؛ ئۇ ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئۇ چۆلدە ياشاپ، مەرگەن بولۇپ يېتىشتى. [21] ئۇ پاران چۆلىدە تۇردى؛ شۇ ۋاقىتلاردا ئانىسى ئۇنىڭغا مىسىر زېمىنىدىن بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى.

## ئىبراھىمنىڭ ئابىمەلەك پادىشاھ بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى

[22] ئۇ ۋاقىتلاردا شۇنداق بولدىكى، ئابىمەلەك ۋە ئۇنىڭ لەشكەربېشى فىكول كېلىپ ئىبراھىمغا: ــ قىلغان ھەممە ئىشلىرىڭدا، خۇدا سېنىڭ بىلەن بىللىدۇر. [23] ئەمدى سەن دەل مۇشۇ يەردە ماڭا، ئوغلۇمغا ۋە نەۋرەمگە خىيانەت قىلماسلىققا خۇدانىڭ نامىدا قەسەم قىلىپ بەرگەيسەن؛ مەن ساڭا كۆرسىتىپ كەلگەن مېھرىبانلىقىمدەك، سەنمۇ ماڭا ۋە سەن ھازىر تۇرۇۋاتقان يۇرتقا مېھرىبانلىق قىلغايسەن، ــ دېدى.
[24] ئىبراھىم: قەسەم قىلىپ بېرەي، دېدى.
[25] ئاندىن ئىبراھىم ئابىمەلەكنىڭ چاكارلىرى تارتىۋالغان بىر قۇدۇق توغرىسىدا ئابىمەلەكنى ئەيىبلىدى. [26] ئابىمەلەك: ــ بۇ ئىشنى قىلغان كىشىنى بىلمەيمەن؛ سەن بۇ ئىشنى ماڭىمۇ ئېيتماپسەن؛ مەن بۇ ئىشنى پەقەت بۈگۈنلا ئاڭلىشىم، ــ دېدى.
[27] ئىبراھىم قوي-كالا ئېلىپ ئابىمەلەككە تەقدىم قىلدى؛ ئاندىن ئۇلار ئىككىلىسى ئەھدە قىلىشتى. [28] ئىبراھىم يەنە پادىدىن يەتتە چىشى

---

18:21 يار. 10:16؛ 20:17.
23:21 يار. 23:14.

قوزىنى بىر تەرەپكە ئايرىپ قويىدى. 29 ئابىمەلەك ئىبراھىمدىن: ــ سەن
بىر تەرەپكە ئايرىپ قويغان بۇ يەتتە چىشى قوزىنىڭ نېمە مەنىسى
بار؟ ــ دەپ سورىۋىدى، 30 ئۇ: ــ مېنىڭ بۇ قۇدۇقنى كولىغىنىمنى
ئېتىراپ قىلغىنىڭغا گۇۋاھلىق سۈپىتىدە بۇ يەتتە چىشى قوزىنى
قولۇمدىن قوبۇل قىلغايسەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى.
31 بۇ ئىككىسى شۇ يەردە قەسەم قىلىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شۇ جاينى
«بەئەر-شېبا» دەپ ئاتىدى. 32 شۇ تەرىقىدە ئۇلار بەئەر-شېبادا
ئەھدە قىلىشتى. ئاندىن ئابىمەلەك ۋە ئۇنىڭ لەشكەربېشى فىكول
قوزغىلىپ، فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىغا يېنىپ كەتتى.
33 ئىبراھىم بەئەر-شېبادا بىر تۈپ يۇلغۇننى تىكىپ، ئۇ يەردە
ئەبەدىي تەڭرى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا نىدا قىلىپ ئىبادەت
قىلدى. 34 ئىبراھىم فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىدا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە
تۇرۇپ قالدى.

## خۇدانىڭ ئىبراھىمنى سىنىشى ـ ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلىش

22 1 بۇ ئىشلاردىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، خۇدا ئىبراھىمنى
سىناپ ئۇنىڭغا: ــ ئەي ئىبراھىم! دېدى. ئۇ: مانا مەن! ــ
دەپ جاۋاب بەردى.
2 ئۇ: ــ سەن ئوغلۇڭنى، يەنى سەن سۆيىدىغان يالغۇز ئوغلۇڭ

---

31:21 **«بەئەر-شېبا»** ــ «قەسەم قۇدۇقى» دېگەن مەنىدە. ئىبرانىي تىلىدا «قەسەم» («شىبا» ياكى «شىبۇئا») ۋە «يەتتە» («شېبا») دېگەنلەرنىڭ ئاھاڭى ئوخشاش بولغاچقا، يەنە «يەتتىنىڭ قۇدۇقى» دېگەن مەنىسىمۇ بار.

32:21 **«فىكول»** ــ گەرار پادىشاھىنىڭ سەردارىنىڭ ئومۇمىي ئۇنۋانى ئىدى (26:26).

33:21 **«بىر تۈپ يۇلغۇننى تىكىپ»** ــ يۇلغۇن تىكىش خۇراپىي ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەھمىيىتى قوشنا ئەل بىلەن ئەھدە تۈزگەنلىكى ئۈچۈن، «مۇشۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرماقچىمەن» دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

33:21 يار. 26:4.

34:21 **«ئۇزۇن ۋاقىت»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نۇرغۇن كۈنلەر».

ئىسھاقنى ئېلىپ، مورىيا يۇرتىغا بېرىپ، شۇ يەردە، مەن ساڭا
ئېيتىدىغان تاغلارنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇنى كۆيدۈرمە
قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنغىن، ــ دېدى.
[3] ئەتىسى ئىبراھىم سەھەر قوپۇپ، ئېشىكىنى توقۇپ، يىگىتلىرىدىن
ئىككىيلەن بىلەن ئىسھاقنى بىللە ئېلىپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن
ئوتۇن يېرىپ، خۇدا ئۇنىڭغا ئېيتقان يەرگە قاراپ ماڭدى. [4] ئۈچىنچى
كۈنى ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، يىراقتىن ئۇ يەرنى كۆردى.
[5] ئىبراھىم يىگىتلىرىگە: ــ سىلەر ئېشەك بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ
تۇرۇڭلار. مەن بالام بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ، سەجدە قىلىپ، ئاندىن
قېشىڭلارغا يېنىپ كېلىمىز، ــ دېدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم كۆيدۈرمە قۇربانلىققا كېرەكلىك ئوتۇننى
ئېلىپ، ئوغلى ئىسھاققا يۈدكۈزۈپ، ئۆزى قولىغا پىچاق بىلەن ئوتنى
ئېلىپ، ئىككىسى بىللە يۈرۈپ كەتتى. [7] ئىسھاق ئاتىسى ئىبراھىمغا:
ــ ئەي ئاتا! دېۋىدى، ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ مانا مەن، ئوغلۇم،
دېدى. ئۇ ئۇنىڭدىن: ــ مانا ئوت بىلەن ئوتۇنغۇ بار، ئەمما كۆيدۈرمە
قۇربانلىق بولىدىغان قوزا قېنى؟ ــ دەپ سورىۋىدى، [8] ئىبراھىم جاۋاب
بېرىپ: ــ ئەي ئوغلۇم، خۇدا ئۆزى ئۆزىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قوزىنى
تەمىنلەيدۇ، ــ دېدى. ئاندىن ئىككىسى بىرگە يولىنى داۋاملاشتۇردى.
[9] ئاخىرىدا ئۇلار خۇدا ئىبراھىمغا ئېيتقان جايغا يېتىپ كەلدى.
ئىبراھىم ئۇ يەردە قۇربانگاھ ياساپ، ئۈستىگە ئوتۇننى تىزىپ قويدى.
ئاندىن ئۇ ئوغلى ئىسھاقنى باغلاپ، ئۇنى قۇربانگاھدىكى ئوتۇننىڭ
ئۈستىدە ياتقۇزدى. [10] ئاندىن ئىبراھىم قولىنى ئۇزىتىپ، ئوغلىنى
بوغۇزلىغىلى پىچاقنى ئالدى.
[11] شۇئان پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئاسماندىن ئۇنى چاقىرىپ

**2:22 «مورىيا»** ــ «2تار.» 3:1نى كۆرۈڭ. خۇدا ئىبراھىمغا كۆرسەتكەن شۇ تاغ بەلكىم كېيىن سۇلايمان مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى سالغان جاي، شۇنداقلا ئەيسا مەسىھ كرېستلەنگەن تاغ (شىمال تەرىپى) بولۇشى مۇمكىن.

**2:22** ئىبر. 17:11.

**9:22** ياق. 21:2.

ئۇنىڭغا: ــ ئىبراھىم، ئىبراھىم! ــ دەپ ۋارقىرىدى.
ئۇ: ــ مانا مەن، ــ دېدى.
[12] ئۇ ئۇنىڭغا: ــ سەن بالىغا قولۇڭنى تەگكۈزمىگىن، ئۇنى ھېچنېمە
قىلمىغىن؛ چۈنكى مەن سېنىڭ خۇدادىن قورققانلىقىڭنى
بىلدىم؛ چۈنكى سېنىڭ ئوغلۇڭنى، يەنى يالغۇز ئوغلۇڭنى مەندىن
ئايىمىدىڭ، ــ دېدى.
[13] ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، مانا، ئارقىسىدا مۈڭگۈزلىرى
چاتقالغا چىرمىشىپ قالغان بىر قوچقارنى كۆردى. ئىبراھىم بېرىپ
قوچقارنى ئېلىپ، ئۇنى ئوغلىنىڭ ئورنىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق
قىلىپ سۇندى. [14] شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم شۇ جايغا «ياھۋەھ-
يىرەھ» دەپ ئات قويدى. شۇڭا كىشىلەر: «پەرۋەردىگارنىڭ تېغىدا
تەمىنلىنىدۇ» دېگەن بۇ سۆز بۈگۈنگە قەدەر ئېيتىلىپ كېلىۋاتىدۇ
. [15] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئاسماندىن ئىبراھىمنى ئىككىنچى
قېتىم چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ
[16] سەن ئۆز ئوغلۇڭنى، يەنى يالغۇز ئوغلۇڭنى ئايىماي بۇ ئىشنى
قىلغىنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دەيدۇ پەرۋ
ەردىگار، [17] ــ مەن سېنى زور بەرىكەتلەپ، نەسلىڭنى ئاسماندىكى
يۇلتۇزلاردەك نۇرغۇن كۆپەيتىپ، دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك
غولدىتىمەن؛ نەسلىڭ بولسا دۈشمەنلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا ئىگە
بولىدۇ. [18] سەن مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق سالغىنىڭ ئۈچۈن يەر

---

11:22 **«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»** ــ 7:16 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.
—«ئىبراھىم، ئىبراھىم» ــ خۇدانىڭ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىم چاقىرىشى ــ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ۋە ئۆزىگە تولىمۇ ئەزىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
14:22 **«ياھۋەھ-يىرەھ»** ــ «ياھۋەھ (پەرۋەردىگار) تەمىنلىگۈچىدۇر» دېگەن مەنىدە. **«پەرۋەردىگارنىڭ تېغىدا تەمىنلىنىدۇ»** ــ بۇ سۆز ئېتىقادچىلار ئارىسىدا بىر تەمسىل بولۇپ قالغانىدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
16:22 لۇقا 73:1؛ ئىبر. 13:6.
17:22 **«دەرۋازىلارغا ئىگە بولۇش»** ــ پۈتكۈل شەھەرنى قولغا ئالغانغا باراۋەر.
17:22 يار. 60:24.

يۈزىدىكى بارلىق ئەل-يۇرتلار نەسلىڭنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرى
ئۈچۈن بەخت-بەرىكەت تىلەيدۇ، ــ دېدى.
[19] ئاندىن ئىبراھىم يىگىتلىرىنىڭ قېشىغا يېنىپ باردى. ئۇلار
ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇشۇپ بەئەر-شېباغا يول ئالدى. ئىبراھىم
بەئەر-شېبادا تۇرۇپ قالدى.

## ناھورنىڭ ئەۋلادلىرى

[20] بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئىبراھىمغا: «مانا مىلكاھمۇ ئىنىڭ ناھورغا
بىرقانچە ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ»، دېگەن خەۋەر يەتتى. [21] ئۇلار بولسا
تۇنجى ئوغلى ئۇز، ئۇنىڭ ئىنىسى بۇز ۋە ئارامنىڭ ئاتىسى بولغان
كەمۇئەل، [22] ئاندىن كەسەد، خازو، پىلداش، يىدلاف ۋە بېتۇئەل دېگەن
ئوغۇللار ئىدى. [23] (بېتۇئەلدىن رىۋكاھ تۆرەلدى). بۇ سەككىزىنى
مىلكاھ ئىبراھىمنىڭ ئىنىسى ناھورغا تۇغۇپ بەردى. [24] شۇنىڭدەك
ئۇنىڭ كېنىزىكى رەئۇماھمۇ تېباھ، گاھام، تاخاش ۋە مائاكاھ
دېگەنلەرنى تۇغۇپ بەردى.

## ئىبراھىمنىڭ ساراھنى دەپنە قىلىشى

23 [1] ساراھ بىر يۈز يىگىرمە يەتتە ياشقىچە ئۆمۈر كۆردى.
بۇ ساراھنىڭ ئۆمرىنىڭ يىللىرى ئىدى. [2] ساراھ قانائان
زېمىنىدىكى كىرىئات-ئاربا، يەنى ھېبروندا ۋاپات بولدى. ئىبراھىم
بېرىپ ساراھ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغا-زار قىلدى. [3] ئىبراھىم ئۆز
مەرھۇمەسىنىڭ يېنىدىن قوپۇپ، ھەتتىيلارغا سۆز قىلىپ:
[4] ــ مەن بولسام ئاراڭلاردا مۇساپىر مېھمان، خالاس؛ سىلەر ئەمدى
ئاراڭلاردىن ماڭا بىر يەرلىك بېرىڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ

---

18:22 **«يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەل-يۇرتلار ... بەخت-بەرىكەت تىلەيدۇ»** ــ ياكى «يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەل-يۇرتلار نەسلىڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ».

**18:22** يار. 3:12؛ 18:18؛ 4:26؛ روس. 25:3؛ گال. 8:3.

مەرھۇمەمنى ئالدىمدا كۆرۈنۈپ تۇرمىسۇن ئۈچۈن ئېلىپ بېرىپ دەپنە
قىلاي، ــ دېدى.
[6-5] ھىتتىيلار ئىبراھىمغا جاۋاب بېرىپ: ــ
ئى خوجام، بىزگە قۇلاق سالغايلا! سىلى ئارىمىزدا خۇدانىڭ بىر
شاھزادىسى ھېسابلىنىلا! ئارىمىزدىكى ئەڭ ئېسىل يەرلىكنى تاللاپ،
شۇ يەردە مەرھۇمەلىرىنى دەپنە قىلغايلا! مەرھۇمەلىرىنى دەپنە
قىلىشقا ھېچقايسىمىز ئۆز يەرلىكىنى سىلىدىن ئايىمايدۇ، ــ دېدى.
[7] ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ زېمىندىكى خەلققە، يەنى ھىتتىيلارغا
تەزىم قىلىپ، [8] ئۇلارغا: ــ ئەگەر مەرھۇمەمنىڭ كۆز ئالدىمدا
تۇرىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئېلىپ بېرىپ، دەپنە قىلىشىمنى راۋا
كۆرسەڭلار، ئۇنداقتا سۆزۈمنى ئاڭلاپ مېنىڭ ئۈچۈن زوھارنىڭ ئوغلى
ئەفرونغا سۆز قىلىپ، [9] ئۇنىڭ ئېتىزىنىڭ ئايىغىدا ئۆزىنىڭكى بولغان
ماكپېلاھنىڭ غارىنى ماڭا بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىڭلار. ئۇ ماڭا بۇنى
سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۆرىستان بولۇشقا تولۇق نەرخىدە بەرسۇن، ــ دېدى.
[10] شۇ چاغدا ئەفرون ھىتتىيلار ئارىسىدا ئولتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن
ھىتتىيلىق ئەفرون ھىتتىيلارنىڭ ئالدىدا، يەنى شەھىرىنىڭ
دەرۋازىسىدىن كىرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا ئىبراھىمغا
جاۋاب بېرىپ: ــ [11] يوقسۇ، ئەي خوجام، ماڭا قۇلاق سالغايلا. بۇ
ئېتىزلىقنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى غارنى سىلىگە بېرەي؛ ئۇنى
ئۆز خەلقىم بولغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا سىلىگە بەردىم؛ ئۆز
مېيىتلىرىنى دەپنە قىلغايلا، ــ دېدى.
[12] ئاندىن ئىبراھىم يەنە زېمىن خەلقى ئالدىدا تەزىم قىلىپ، [13] شۇ
زېمىندىكى خەلقنىڭ قۇلاقلىرى ئالدىدا ئەفرونغا: ــ ئىلتىماسىمغا قۇلاق
سالغايلا؛ مەن بۇ ئېتىزلىقنىڭ نەرخى بويىچە پۇل بېرەي، ئۇنى مەندىن
قوبۇل قىلغايلا، ئاندىن مەن مېيىتىمنى شۇ يەردە دەپنە قىلاي، ــ دېدى.

---

**4:23 «بېرىڭلار»** ــ ئىبراھىمنىڭ «بېرىڭلار» دېگىنى بىلەن، بۇ «سېتىپ بېرىڭلار» دېگەننى بىلدۈرىدىغان سىلىق-سىپايە مەنىدىكى گەپتۇر (9-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**4:23** روس. 5:7.

14 ئەفرون ئىبراھىمغا جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا:
15 ئەي خوجام، ماڭا قۇلاق سالغايلا؛ تۆت يۈز شەكەل كۈمۈشكە يارايدىغان بىر ئېتىزلىق، سىلى بىلەن مېنىڭ ئارامدا نېمە ئىدى؟ سىلى مېيىتلىرىنى دەپنە قىلغايلا ــ دېدى.
16 ئىبراھىم ئەفروننىڭ سۆزىگە قوشۇلدى؛ ئاندىن ئەفرون ھەتتىيلار ئالدىدا ئېيتقان باھانى، يەنى شۇ چاغدىكى سودا ئۆلچىمى بويىچە تۆت يۈز شەكەل كۈمۈشنى تارازىدا تارتىپ بەردى. 17 شۇنداق قىلىپ مامرەنىڭ ئۇدۇلىدىكى ماكپېلاھقا جايلاشقان ئەفروننىڭ ئېتىزلىقى، يەنى ئېتىزلىقنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭدىكى غار، شۇنداقلا ئېتىزلىقنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى بارلىق دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى 18 ھەتتىيلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىبراھىمغا تاپشۇرۇلۇپ، يەنى ئەفروننىڭ شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن بارلىق كىرگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ مۈلكى قىلىپ بېكىتىلدى.
19 شۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم ئايالى سارانى قانائان زېمىنىدىكى مامرە (يەنى، ھېبرون)نىڭ ئۇدۇلىدىكى ماكپېلاھنىڭ ئېتىزلىقىنىڭ غارىدا دەپنە قىلدى. 20 شۇ تەرىقىدە ئۇ ئېتىزلىق ۋە ئۇنىڭدىكى غار ھەتتىيلار تەرىپىدىن ئىبراھىمغا گۆرىستان بولۇشقا تايىن قىلىندى.

## ئىبراھىمنىڭ خىزمەتكارىنىڭ ئىسھاق ئۈچۈن قىز ئىزدىشى

24 1 ئىبراھىم قېرىپ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى؛ پەرۋەردىگار ئىبراھىمغا ھەر تەرەپتە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلغانىدى. 2 ئىبراھىم ئۆيىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر خىزمەتكارى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى باشقۇرىدىغان غوجىدارىغا: ــ قولۇڭنى يوتامنىڭ

---

15:23 **«تۆت يۈز شەكەل كۈمۈشكە يارايدىغان بىر ئېتىزلىق، سىلى بىلەن مېنىڭ ئارامدا نېمە ئىدى؟»** ــ ئەمەلىيەتتە بۇ باھا ئىنتايىن يۇقىرى باھا ئىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

**16:23** يار. 13:50.

**17:23** روس. 16:7.

**ئاستىغا قويغىن؛ 3 مەن سېنى ئاسمانلارنىڭ خۇداسى شۇنداقلا يەرنىڭ
خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدۇرىمەنكى،
سەن مەن ھازىر تۇرۇۋاتقان بۇ قانائانىيلارنىڭ ئارىسىدىن ئوغلۇمغا
قىز ئېلىپ بەرمەي، 4 بەلكى ئۆز يۇرتۇمغا، شۇنداقلا ئۆز ئۇرۇق-
تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئوغلۇم ئىسھاققا خوتۇن ئېلىپ
بەرگەيسەن، ــ دېدى.
5 خىزمەتكارى ئۇنىڭغا: ــ مۇبادا ئۇ قىز مەن بىلەن بۇ يۇرتقا كەلگىلى
ئۇنىمىسا، ئۇنداقتا ئۆزلىرى چىققان شۇ يۇرتقا ئوغۇللىرىنى ياندۇرۇپ
ئاپىرامدىمەن؟ ــ دېدى.
6 ئىبراھىم ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ ھېزى بول، ئوغلۇمنى ھەرگىز
شۇ يەرگە ياندۇرۇپ بارمىغىن! 7 مېنى ئاتامنىڭ ئۆيى بىلەن تۇغۇلغان
يۇرتۇمدىن يېتەكلەپ ئېلىپ كەلگۈچى، يەنى ماڭا سۆز قىلىپ: ــ
«سېنىڭ نەسلىڭگە بۇ يۇرتنى بېرىمەن»، دەپ ماڭا قەسەم قىلغان،
ئاسماننىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ئۆز پەرىشتىسىنى ئالدىڭغا
ئەۋەتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇ يەردىن ئوغلۇمغا قىز ئېلىپ كېل
ەلەيسەن. 8 شۇنداقتىمۇ، ئەگەر قىز سەن بىلەن بۇ يەرگە كەلگىلى
ئۇنىمىسا، مەن ساڭا قىلدۇرىدىغان قەسەمدىن خالاس بولىسەن؛
ئەمما ئوغلۇمنى ئۇ يەرگە ھەرگىز ياندۇرۇپ بارمىغىن، ــ دېدى.
9 شۇنىڭ بىلەن خىزمەتكار قولىنى خوجىسى ئىبراھىمنىڭ
يوتىسىنىڭ ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ، بۇ توغرىدا ئۇنىڭغا قەسەم قىلدى.
10 ئاندىن خىزمەتكار بۇ توغرىدا خوجىسىنىڭ تۆگىلىرىدىن ئونىنى،
شۇنداقلا خوجىسىنىڭ ھەرخىل ئېسىل نەرسىلىرىنى ئېلىپ
يولغا چىقتى؛ ئۇ ئارام-ناھارائىم رايونىغا سەپەر قىلىپ، ناھورنىڭ
شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. 11 ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ**

**2:24** **«ئەڭ مۆتىۋەر»** ــ ياكى «ھەممىدىن ياشانغان».

**2:24** يار. 29:47.

**3:24** يار. 1:28.

**7:24** يار. 1:12، 7؛ 15:13؛ 18:15؛ 4:26؛ مىس. 13:32؛ قان. 4:34؛ روس. 5:7.

**10:24** **«ئارام-ناھارائىم»** ــ ياكى «مېسوپوتامىيا»، يەنى «ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رايون»

يېنىدا تۆگىلىرىنى چۆكتۈردى: بۇ كەچقۇرۇن، قىز-ئاياللارنىڭ سۇ
تارتقىلى چىقىدىغان چېغى ئىدى. 12 ئۇ دۇئا قىلىپ: ــ ئەي خوجام
ئىبراھىمنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار، ئۆتۈنىمەنكى، بۈگۈن
مېنىڭ ئىشىمنى ئوڭغا تارتقايسەن، خوجام ئىبراھىمغا شاپائەت كۆ
رسەتكەيسەن. 13 مانا مەن بۇ يەردە قۇدۇقنىڭ بېشىدا تۇرۇۋاتىمەن ۋە
شەھەر خەلقىنىڭ قىزلىرى بۇ يەرگە سۇ تارتقىلى كېلىۋاتىدۇ. 14 ئەمدى
شۇنداق بولسۇنكى، مەن قايسى قىزغا: «كومزىكىڭنى چۈشۈرسەڭ،
مەن سۇ ئىچىۋالسام بوپتىكەن!» دېسەم، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مانا
ئىچكىن، مەن تۆگىلىرىڭنىمۇ سۇغىرىپ قوياي»، دېسە، ئۇ قىز سەن
قۇلۇڭ ئىسھاققا بېكىتكىنىڭنىڭ ئۆزى بولسۇن. بۇنىڭدىن سېنىڭ
خوجام ئىبراھىمغا شاپائەت قىلغىنىڭنى بىلەلەيمەن، ــ دېدى.
15 ئۇ تېخى سۆزىنى تۈگەتمەيلا، مانا رىبكاھ كومزەكنى مۈرىسىدە
كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى؛ ئۇ بولسا ئىبراھىمنىڭ ئىنىسى ناھورنىڭ
ئايالى مىلكاھتىن تۇغۇلغان ئوغلى بېتۇئەلنىڭ قىزى ئىدى؛ 16 قىز
ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ھېچ ئەر كىشى تەگمىگەن پاك قىز ئىدى.
ئۇ قۇدۇقنىڭ بويىغا چۈشۈپ، كومزەكنى تولدۇرۇپ ئاندىن چىقتى.
17 خىزمەتكار ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ: ــ ئۆتۈنۈپ قالاي،
كومزىكىڭدىن ئازغىنە سۇ ئوتلىۋالاي، دېدى.
18 ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ ئىچكەيلا، ئەي خوجام! دەپلا، كومزەكنى دەرھال
قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن سۇندى.
19 ئۇ سۇيىدىن ئۇنىڭغا قانغۇچە ئىچكۈزگەندىن كېيىن: ــ

---

12:24 **«مېنىڭ ئىشىمنى ئوڭغا تارتقايسەن»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئىشنى مېنىڭ ئالدىمدا يۈز بەرگۈزگەيسەن!». **«شاپائەت»** ــ مۇشۇ يەردە «شاپائەت» ئىبرانيي تىلىدا «خەسەد» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇر بولۇپ، كۆپ يەرلەردە «ئۆزگەرمەس مۇھەببەت» ياكى «ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىق» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. كۆپ يەرلەردە بىر خىل ئەھدە بىلەن باغلىق بولىدۇ؛ شۇڭا سۆزنىڭ ئۇزۇنراق بىرخىل تەرجىمىسى: «مېھىر-مۇھەببەت ئەھدىسىدە ھامان تۇرىدۇ» دېگەندەك بولىدۇ.

**15:24** يار. 23:22

تۆگىلىرىگىمۇ قانغۇچە سۇ ئىچكۈزۈپ قوياي، ــ دېدى.
[20] شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال كومزەكتىكى سۇنى ئولاقتا تۆكۈۋېتىپ، يەنە
قۇدۇققا سۇ تارتقىلى يۈگۈرۈپ باردى؛ ئۇ ئۇنىڭ ھەممە تۆگىلىرىگە
سۇ تارتىپ بەردى. [21] ئۇ كىشى ئۇنىڭغا كۆزىنى تىككىنىچە جىمجىت
تۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى ئوڭ قىلغان، قىلمىغانلىقىنى بىلىش
ئۈچۈن كۈتۈۋاتاتتى. [22] تۆگىلەر سۇ ئىچىپ قانغاندا، شۇنداق بولدىكى،
ھېلىقى كىشى يېرىم شەكەللىك بىر ئالتۇن بۇرۇن ھالقىسى بىلەن
ئىككى قولىغا ئون شەكەللىك ئالتۇن بىلەزۈكنى چىقىرىپ قىزغا
بېرىپ ئۇنىڭغا: [23] سەن كىمنىڭ قىزى بولىسەن؟ ماڭا دەپ بەرسەڭ!
ئاتاڭنىڭ ئۆيىدە بىزگە قونغۇدەك جاي بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
[24] قىز ئۇنىڭغا: ــ مەن مىلكاھنىڭ ناھورغا تۇغۇپ بەرگەن ئوغلى
بېتۇئەلنىڭ قىزى بولىمەن، ــ دېدى، [25] يەنە ئۇنىڭغا: ــ بىزنىڭكىدە
سامان بىلەن بوغۇز كەڭرى، سىلەرگە قونغىلى جايمۇ بار، ــ دېدى.
[26] شۇئان بۇ ئادەم ئېڭىشىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ:
[27] ئۆز شاپائىتى بىلەن خوجامدىن ۋاپادارلىقىنى ئايىمىغان، خوجام
ئىبراھىمنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇلغاي!
پەرۋەردىگار بۇ سەپىرىمدە مېنى خوجامنىڭ قېرىنداشلىرى تۇرغان
ئۆيگە باشلاپ كەلدى! ــ دېدى.
[28] قىز يۈگۈرۈپ بېرىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئانىسىنىڭ
ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ بەردى. [29] ئەمدى رىۋكاھنىڭ لابان دېگەن بىر
ئاكىسى بار ئىدى. لابان قۇدۇقنىڭ بېشىغا، ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا
يۈگۈرۈپ چىقتى. [30] چۈنكى ئۇ سىڭلىسىنىڭ بۇرۇن ھالقىسىنى ۋە
قوللىرىدىكى بىلەزۈكلەرنى كۆرۈپ، ھەمدە سىڭلىسىنىڭ: ئۇ
ئادەم ماڭا مۇنداق-مۇنداق دېدى، دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئادەمنىڭ

---

19:24 **«تۆگىلىرىگىمۇ قانغۇچە سۇ ئىچكۈزۈپ قوياي»** ــ ئۇسسۇپ كەتكەن تۆگە ئۈچ مىنۇت ئىچىدە 200 لىتر سۇ ئىچىشى مۇمكىن.

**19:24** ئەف. 20:3

**24:24** يار. 22:23.

قېشىغا باردى. مانا، ئۇ كىشى قۇدۇقنىڭ يېنىدا تۆگىلەرنىڭ قېشىدا تۇراتتى. [31] لابان ئۇنىڭغا: ــ ئەي پەرۋەردىگارنىڭ بەخت-بەرىكىتى ئاتا قىلىنغۇچى، كىرگەيلا! نېمە ئۈچۈن تاشقىرىدا تۇردىلا؟ مەن ئۆينى تەييارلاپ قويدۇم، تۆگىلەرگىمۇ جاي راسلىدىم، ــ دېدى.

[32] ئۇ ئادەم ئۆيگە كىردى؛ لابان تۆگىلەردىن يۈكنى چۈشۈرۈپ، تۆگىلەرگە سامان بىلەن بوغۇز بېرىپ، ئۇ كىشىنىڭ ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ پۇتلىرىنى يۇغىلى سۇ ئېلىپ كەلدى؛ [33] ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا تائام قويۇلدى؛ لېكىن ئۇ: ــ مەن گېپىمنى دېمەي تۇرۇپ تائام يېمەيمەن، ــ دېدى. لابان جاۋاب بېرىپ: ــ ئېيتقايلا، دېدى.

[34] ئۇ: ــ مەن بولسام ئىبراھىمنىڭ خىزمەتكارىمەن؛ [35] پەرۋەردىگار خوجامغا كۆپ بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلغاچقا، ئۇ ئۇلۇغ بىر كىشى بولدى. ئۇ ئۇنىڭغا قوي بىلەن كالا، كۈمۈش بىلەن ئالتۇن، قۇل بىلەن دېدەكلەرنى، تۆگە بىلەن ئېشەكلەرنى بەردى. [36] خوجامنىڭ ئايالى ساراھ قېرىغاندا خوجامغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەندى. خوجام ئوغلىغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىدى. [37] خوجام مېنى قەسەم قىلدۇرۇپ: «سەن مەن تۇرۇۋاتقان زېمىندىكى قانائانىيلارنىڭ قىزلىرىدىن ئوغلۇمغا خوتۇن ئېلىپ بەرمە، [38] بەلكى جەزمەن ئاتامنىڭ ئۆيىگە، ئۆز تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئوغلۇمغا خوتۇن ئېلىپ بەرگەيسەن»، ــ دېدى. [39] ئۇ ۋاقىتتا مەن خوجامغا: «ئۇ قىز مەن بىلەن كەلگىلى ئۇنىمىسىچۇ؟» ــ دېسەم، [40] ئۇ ماڭا جاۋاب بېرىپ: «تۇتقان يوللىرىم ئۇنىڭغا ئوچۇق بولغان پەرۋەردىگارىم ئۆز پەرىشتىسىنى سېنىڭ بىلەن ئەۋەتىپ، يولۇڭنى ئوڭ قىلىدۇ. بۇ تەرىقىدە سەن مېنىڭ ئائىلىدىكىلىرىم ئارىسىدىن، ئاتامنىڭ جەمەتى ئىچىدىن ئوغلۇمغا خوتۇن ئېلىپ بېرىسەن. [41] شۇنداق قىلىپ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغىنىڭدا، سەن مەن قىلدۇرغان قەسەمدىن خالاس بولىسەن؛ ئۇلار ساڭا قىزنى بەرمىسىمۇ ئوخشاشلا قەسەمدىن خالاس بولىسەن»، ــ دېگەنىدى.

---

32:24 **«لابان تۆگىلەردىن يۈكنى چۈشۈرۈپ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ تۆگىلەردىن يۈكنى چۈشۈرۈپ».

[42] شۇڭا مەن بۈگۈن بۇ قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىپ: ـ ئەي، خوجام
ئىبراھىمنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار، ئەگەر سەن بۇ سەپىرىمنى
ئوڭ قىلساڭ: ـ [43] مانا مەن سۇ قۇدۇقنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىمەن؛ ۋە
شۇنداق بولسۇنكى، سۇ تارتقىلى كەلگەن قىزغا: «كوزاڭدىن ماڭا
بىر ئوتلام سۇ بەرگەن بولساڭ»، دېسەم، [44] ئۇ ماڭا: «سەن ئىچكىن،
تۆگىلىرىڭگىمۇ سۇ تارتىپ بېرەي»، دەپ جاۋاب بەرسە، ئۇنداقتا بۇ
قىز دەل پەرۋەردىگار ئۆزى خوجامنىڭ ئوغلى ئۈچۈن بېكىتكەن قىز
بولسۇن، دەپ دۇئا قىلغانىدىم. [45] كۆڭلۈمدە تېخى سۆزۈم تۈگىمەيلا،
مانا، رىۋكاھ كومزەكنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ چىقىپ، قۇدۇقنىڭ بويىغا
چۈشۈپ سۇ تارتتى؛ مەن ئۇنىڭغا: ـ ئىلتىپات قىلىپ، ماڭا سۇ
ئىچكىلى قويساڭ، دېۋىدىم، [46] ئۇ دەرھال كومزىكىنى مۈرىسىدىن
چۈشۈرۈپ: «ئىچكەيلا، تۆگىلىرىنىمۇ سۇغىرىپ قوياي»، دېدى. شۇنىڭ
بىلەن مەن ئىچتىم؛ ئۇ تۆگىلىرىمنىمۇ سۇغىرىپ قويدى. [47] ئاندىن مەن
ئۇنىڭدىن: ـ كىمنىڭ قىزى بولىسەن، دەپ سورىسام، ئۇ جاۋاب بېرىپ:
ـ مەن ناھورنىڭ مىلكاھدىن تۇغۇلغان ئوغلى بېتۇئەلنىڭ قىزى
بولىمەن، ـ دېدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بۇرنىغا ھالقا، قوللىرىغا
بىلەزۈكلەرنى سېلىپ قويدۇم؛ [48] ئاندىن ئېڭىشىپ پەرۋەردىگارغا
سەجدە قىلدىم؛ خوجامنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭ ئوغلى
ئۈچۈن ئېلىپ كېتىشكە مېنىڭ يولۇمنى ئوڭ قىلغىنى ئۈچۈن،
خوجامنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئېيتتىم.
[49] ئەمدى سىلەر خوجامغا ئىخلاس قىلىپ شاپائەت كۆرسىتەيلى
دېسەڭلار، بۇنى ماڭا دەڭلار. ئەگەر خالىمىساڭلار، ئۇنىمۇ ماڭا
ئېيتىڭلار، مەن ئوڭ تەرەپكە ياكى سول تەرەپكە بارىمەن، ـ دېدى.
[50] ئەمدى لابان بىلەن بېتۇئەل جاۋاب بېرىپ: ـ بۇ ئىش

---

49:24 **«ئەگەر خالىمىساڭلار، ئۇنىمۇ ماڭا ئېيتىڭلار، مەن ئوڭ تەرەپكە ياكى سول تەرەپكە بارىمەن»** ــ روشەنكى، خىزمەتكار ئىشنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغىنىدا، ئۇلار قىزنى بەرمىسىمۇ ئوخشاشلا قەسەمدىن خالاس بولىدىغانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۇ قىزنى ئىزدەشتىن يانمايتتى.

پەرۋەردىگاردىن بولغاچ، سىلىگە يا ئۇنداق يا بۇنداق دېيەلمەيمىز. [51] مانا، رىۋكاھ ئالدىلىرىدا تۇرىدۇ؛ ئۇنى ئېلىپ كەتكەيلا. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىدەك ئۆز خوجىلىرىنىڭ ئوغلىغا خوتۇن بولسۇن، ــ دېدى.
[52] ئىبراھىمنىڭ خىزمەتكارى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يەرگە ئېگىلىپ، پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى. [53] ئاندىن، خىزمەتكار كۈمۈش بۇيۇملارنى، ئالتۇن بۇيۇملارنى ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى چىقىرىپ، بۇلارنى رىۋكاھقا بەردى؛ ئۇ يەنە قىزنىڭ ئاكىسى ۋە ئانىسىغىمۇ قىممەتلىك ھەدىيەلەرنى سۇندى.
[54] ئاندىن ئۇ ۋە ھەمراھلىرى بىلەن بىللە يەپ-ئىچىپ، شۇ يەردە قونۇپ قالدى. ئەتىسى سەھەردە قوپۇپ، ئۇ ئۇلارغا: مېنى خوجامنىڭ قېشىغا يولغا سېلىپ قويۇڭلار، دېۋىدى، [55] قىزنىڭ ئاكىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا: ــ قىز بىرقانچە كۈن ياكى ئون كۈن يېنىمىزدا تۇرسۇن؛ ئاندىن بارسۇن، ــ دېدى.
[56] ئەمما ئۇ ئۇلارغا: ــ پەرۋەردىگار مېنىڭ سەپىرىمنى ئوڭ قىلغانىكەن، مېنى توسماڭلار؛ خوجامنىڭ قېشىغا بېرىشىم ئۈچۈن مېنى يولغا سېلىپ قويۇڭلار، ــ دېدى.
[57] ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ قىزنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقايلى، دەپ [58] رىۋكاھنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن: ــ بۇ ئادەم بىلەن بارامسەن؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ: ــ باراي، دەپ جاۋاب بەردى.
[59] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىڭلىسى رىۋكاھنى، ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى، ئىبراھىمنىڭ خىزمەتكارى ۋە ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ يولغا سېلىپ قويدى. [60] ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار رىۋكاھقا بەخت تىلەپ:
ــ ئەي سىڭلىمىز، مىڭلىغان ئون مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئانىسى بولغايسەن!

---

50:24 **«سىلىگە يا ئۇنداق يا بۇنداق دېيەلمەيمىز»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «سىلىگە يا يامان يا ياخشى دېيەلمەيمىز».
**59:24** يار. 8:35

نەسلىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا ئىگە بولغاي! ــ دېدى.
[61] شۇنىڭ بىلەن رىۋكاھ بىلەن ئۇنىڭ دېدەكلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ،
تۆگىلەرگە مىنىپ، ئۇ كىشىگە ئەگىشىپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ
خىزمەتكار رىۋكاھنى ئېلىپ يولغا چىقتى.
[62] ئىسھاق بەئەر-لاھاي-روي دېگەن جايدىن بايىلا قايتىپ
كەلگەنىدى؛ چۈنكى ئۇ جەنۇبتىكى نەگەۋدە تۇراتتى؛ [63] ئىسھاق
كەچقۇرۇن ئىستىقامەتكە دالاغا چىققانىدى؛ ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ
قارىسا، مانا تۆگىلەر كېلىۋاتاتتى. [65-64] رىۋكاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ،
ئىسھاقنى كۆردى؛ ئۇ دەرھال تۆگىدىن چۈشۈپ، خىزمەتكاردىن: ــ
سەھرادا بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىۋاتقان بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ ــ
دەپ سورىدى.
خىزمەتكار: ــ بۇ خوجامدۇر! دېدى. رىۋكاھ دەرھال چۈمبىلىنى تارتىپ
يۈزىنى يېپىۋالدى.
[66] خىزمەتكار ئەمدى قىلغان ھەممە ئىشلىرىنى ئىسھاققا ئېيتىپ
بەردى. [67] ئىسھاق قىزنى ئانىسى ساراھنىڭ چېدىرىغا باشلاپ كىردى؛
ئۇ رىۋكاھنى ئۆز ئەمرىگە ئالدى؛ ئۇ ئۇنىڭ خوتۇنى بولدى. ئۇ ئۇنى
ياخشى كۆرۈپ قالدى؛ بۇ تەرىقىدە ئىسھاق ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن
كېيىن تەسەللى تاپتى.

## ئىبراھىمنىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

**1تار. 42-28:1**

25 [1] ئىبراھىم كەتۇراھ ئىسىملىك يەنە بىر ئايالنى ئالغانىدى.
[2] ئۇ ئىبراھىمغا زىمران، يوقشان، مېدان، مىدىيان، ئىشباق

**62:24** يار. 16:14؛ 11:25.

**67:24** **«ئىسھاق ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەسەللى تاپتى»** ــ ساراھ بۇ ئىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولغانىدى (23-بابنى كۆرۈڭ).

ۋە شۇئاھنى تۇغۇپ بەردى. [3] يوقشاندىن شېبا بىلەن دېدان تۆرەلدى؛
دېداننىڭ ئەۋلادلىرى ئاشۇرىيلار، لېتۇشىيلار ۋە لېئۇممىيلار ئىدى.
[4] مىدىياننىڭ ئوغۇللىرى ئەفاھ، ئېفەر، ھانوخ، ئابىدا ۋە ئەلدائاھ
ئىدى. بۇلار ھەممىسى كەتۇراھنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.
[5] ئىبراھىم بارلىقىنى ئىسھاققا ئاتىۋەتكەنىدى؛ [6] ئىبراھىم
تېخى ھايات ۋاقتىدا كىچىك خوتۇنلىرىدىن بولغان ئوغۇللىرىغا
ھەدىيەلەرنى بېرىپ، ئاندىن بۇلارنى ئوغلى ئىسھاقتىن
يىراق تۇرسۇن دەپ، كۈن چىقىش تەرەپكە، شەرقىي زېمىنغا
ئەۋەتىۋەتكەنىدى.

## ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمى ۋە دەپنە قىلىنىشى

[8-7] ئىبراھىمنىڭ ئۆمرىنىڭ كۈنلىرى بىر يۈز يەتمىش بەش يىل بولدى؛
ئۇ تولىمۇ قېرىپ، كۈنلىرى توشۇپ، نەپەستىن توختاپ ۋاپات بولدى؛ ئۇ
ئۆز قوۋمىنىڭ قېشىغا بېرىپ قوشۇلدى. [9] ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىسھاق
ۋە ئىسمائىل ئۇنى مامرەنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان، ھىتتىي زوھارنىڭ
ئوغلى ئەفروننىڭ ئېتىزلىقىدىكى ماكپېلاھنىڭ غارىدا دەپنە قىلدى.
[10] بۇ ئېتىزلىقنى ئىبراھىم ھىتتىيلاردىن سېتىۋالغانىدى؛ مانا بۇ
يەرلىككە ئىبراھىم دەپنە قىلىندى، ئايالى ساراھمۇ مۇشۇ يەرگە
دەپنە قىلىنغانىدى.
[11] ئىبراھىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگار
ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاقنى بەرىكەتلىدى. ئىسھاق بەئەر-لاھاي-روئىنىڭ

---

**2:25** 1تار. 32:1.

**3:25 «ئاشۇرىيلار»** ــ مۇشۇ «ئاشۇرىيلار» بولسا كېيىنكى «ئاشۇرلار» ياكى «ئاسۇرىيلەر» ئەمەس. «ئاشۇرلار» ياكى «ئاسۇرىيلەر» بولسا شەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى (22:10نى كۆرۈڭ).

**5:25** يار. 36:24.

**6:25 «كىچىك خوتۇنلىرى»** ــ ھەجەر ۋە كەتۇراھلار ئىدى. ئىبراھىمنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۈبھىسىزكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوغۇللىرى ئارىسىدا خۇدا ۋەدە قىلغان مىراس (پەلەستىن زېمىنى) ئۈستىدە چىقىشى مۇمكىن بولغان جېدەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.

**8-7:25 «ئۆز قوۋمىنىڭ قېشىغا بېرىپ قوشۇلدى»** ــ 15:15 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**8-7:25** يار. 15:15.

يېنىدا تۇراتتى.

## ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى

12 تۆۋەندىكىلەر ساراھنىڭ مىسىرلىق دېدەكى ھەجەردىن تۇغۇلغان،
ئىبراھىمنىڭ ئوغلى بولغان ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى: ــ
13 ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ، ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرى ۋە
قەبىلىلىرى بويىچە ئىسمى تۆۋەندىكىچە: ــ ئىسمائىلنىڭ
تۇنجى ئوغلى نېبايوت؛ ئاندىن كېدار، ئادبەئەل، مىبسام،
14 مىشما، دۇماھ، ماسسا، 15 ھاداد بىلەن تېما، يەتۇر بىلەن نافىش
ۋە قەدەماھ ئىدى. 16 بۇلار بولسا ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ،
ئۇلارنىڭ كەنت ۋە چېدىرگاھلىرى ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان
بولۇپ، ئۇلار ئون ئىككى قەبىلىگە ئەمىر بولغانىدى.
17 ئىسمائىلنىڭ ئۆمرىنىڭ يىللىرى بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە يىل
بولدى؛ ئۇ ئاخىرقى نەپىسىنى تارتىپ ۋاپات بولۇپ، ئۆز قوۋمىنىڭ
قېشىغا بېرىپ قوشۇلدى.
18 ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاۋىلاھ رايونىدىن تارتىپ شۇرغىچە
ئولتۇراقلاشتى (شۇر بولسا مىسىرنىڭ ئۇتتۇرىسىدا بولۇپ،
ئاشۇرغا بارىدىغان يولدا ئىدى). ئىسمائىل ئۆزىنىڭ بارلىق
قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇراقلاشتى.

## ئەساۋ بىلەن ياقۇپنىڭ دۇنياغا كېلىشى

---

**12:25 «تۆۋەندىكىلەر .... ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى»** ــ مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ يەتتىنچى «تولدوت»ى («تارىخى»)، يەنى «ئىسمائىلنىڭ تولدوتى» («ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى») (18-12:25) باشلىنىدۇ.

**13:25** 1تار. 1:29.

**18:25 «ئىسمائىل ئۆزىنىڭ بارلىق قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇراقلاشتى»** ــ بۇ بايان ئىسمائىل توغرىسىدىكى ئىلگىرىكى بېشارەت (12:16)نىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن بەلكىم ئىسمائىل ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان يەھۇدىيلار ۋە باشقىلار بىلەن قارشىلىشىشىنىڭ باشلانغانلىقىنى پۈراتقان بولۇشى مۇمكىن.
—مۇشۇ ئايەتتىكى «ئاشۇر» ئاسۇرىيە ئەمەس، بەلكىم سىناي چۆلىدىكى بىر رايوننى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

[19] ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ نەسلىنىڭ بايانى مۇنداقتۇر: —
ئىبراھىمدىن ئىسھاق تۆرەلدى. [20] ئىسھاق پادان-ئارامدا ئولتۇرۇشلۇق
ئارامىي بېتۇئەلنىڭ قىزى، ئارامىي لابانىڭ سىڭلىسى بولغان
رىۋكاھنى خوتۇنلۇققا ئالغاندا قىرىق ياشقا كىرگەنىدى. [21] ئەمما
رىۋكاھ بولسا تۇغماس بولغاچقا، ئىسھاق خوتۇنى ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا
دۇئا-تىلاۋەت قىلدى؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى؛
شۇنىڭ بىلەن ئايالى رىۋكاھ ھامىلدار بولدى.
[22] ئەمما ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ئىككى بالا بىر-بىرى بىلەن
سوقۇشقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن رىۋكاھ: — ئەگەر بۇنداقلىقىنى
بىلسەم، ھامىلدار بولۇپ نېمە قىلاتتىم؟ — دەپ پەرۋەردىگاردىن
سەۋەبىنى سورىغىلى باردى.
[23] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: —
«سېنىڭ قورسىقىڭدا ئىككى ئەل باردۇر،
ئىچىڭدىن ئىككى خەلق چىقىپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ،
بىر خەلق يەنە بىر خەلقتىن غالىب كېلىدۇ،
چوڭى كىچىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ» — دېدى.

[24] ئۇنىڭ ئاي-كۈنى توشقاندا، مانا ئۇنىڭ قورسىقىدا دەرۋەقە بىر
جۈپ قوشكېزەك بار ئىدى. [25] ئاۋۋال تۇغۇلغىنى قىزغۇچ بولۇپ، پۈتۈن
بەدىنى جۇۋىدەك تۈكلۈك ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەساۋ دەپ
قويدى. [26] ئاندىن ئىنىسى قولى بىلەن ئەساۋنىڭ تاپىنىنى تۇتقان

---

19:25 **«ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ نەسلىنىڭ بايانى مۇنداقتۇر»** — مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ سەككىزىنچى «تولدوت»ى («تارىخى»، يەنى «ئىسھاقنىڭ تولدوتى») («ئىسھاقنىڭ نەسلىنىڭ بايانى» (19:25-26:35) باشلىنىدۇ.

21:25 رىم. 10:9.

23:25 2سام. 14:8؛ رىم. 12:9.

24:25 **«ئەساۋ»** — «تۈكلۈك».

25:25 **«ياقۇپ»** — مەنىسى «تاپانغا ئېسىلغۇچى» ياكى كۆچمە مەنىدە «ئورۇن باسار» ياكى «مۇھاپىزەتچى» دېگەنلىك ئىدى. كېيىن ئەساۋ ياقۇپقا ئۆچ بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئورۇن

ھالدا چىقتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىسمى ياقۇپ دەپ قويۇلدى. ئۇلار تۇغۇلغاندا ئىسھاق ئاتمىش ياشتا ئىدى.

## ئەساۋنىڭ تۇنجىلىق ھوقۇقى، يەنى تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇقنى سېتىۋېتىشى

[27] باللار ئۆسۈپ چوڭ بولدى؛ ئەساۋ ماھىر ئوۋچى بولۇپ، دالا-جاڭگالدا يۈرىدىغان ئادەم بولدى. ياقۇپ بولسا دۇرۇس ئادەم بولۇپ، چېدىرلاردا تۇراتتى. [28] ئىسھاق ئەساۋنىڭ ئوۋلاپ كەلگەن گۆشىدىن دائىم يەپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. لېكىن رىۋكاھ ياقۇپقا ئامراق ئىدى.
[29] بىر كۈنى ياقۇپ پۇرچاق شورپىسى قايناتتۇۋاتاتتى؛ ئەساۋ دالادىن ھېرىپ-ئېچىپ قايتىپ كەلدى. [30] ئەساۋ ياقۇپقا: ــ مەن ھالىمدىن كەتتىم! ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاۋۇ قىزىلدىن بەرسەڭ! ــ ئاۋۇ قىزىل نەرسىدىن مېنى ئوزۇقلاندۇرساڭچۇ! مەن ھالىمدىن كەتتىم، ــ دېدى (شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئېتى «ئېدوم» دەپمۇ ئاتالدى).
[31] ياقۇپ ئۇنىڭغا: ــ ئۇنداق بولسا، تۇنجىلىق ھوقۇقىڭنى ماڭا سېتىپ بەرگىن، ــ دېدى.

ئىگىلىۋالغۇچى» دېگەن سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىدۇ (36:27).

**26:25** ھوش. 4:12.

**27:25 «چوڭشەنبە»** ــ ئومۇمەن ئېتىقاندا، تەۋراتتا ئوۋچىلىق قىلىش سەلبىي قارىلىدۇ. «چېدىرلاردا تۇراتتى» ياقۇپنى ھۆرۈن ئادەم دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئائىلىسىدىكى ئىشلار، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى كۆرسىتىدۇ. ياقۇپنىڭ تەجرىبىلىك قويچى ئىكەنلىكى 29:7دىن كۆرۈنىدۇ.

—بەزى تەرجىمىلەردە «ياقۇپ **جىمغۇر** ئادەم» دېيىلگىنى بىلەن ئىبرانىي تىلىدىكى بۇ سۆز («تام» ياكى «تامام») تەۋراتتا دائىم «دۇرۇس»، «كامىل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**30:25 «ئېدوم»** ــ «قىزىل».

**31:25 «تۇنجىلىق ھوقۇقى»** ــ (ياكى «تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇق») ــ بۇ ھوقۇق تۆت ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن: ــ

—(1) پۈتكۈل ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئىگىدارچىلىق مەسئۇلىيىتى؛

—(2) باشقا ئوغۇللارغا قارىغاندا، ئاتىسىدىن مىراسنى بىر ھەسسە كۆپ ئېلىش؛

—(3) ئاتىسىنىڭ بەخت-بەرىكەت تىلەش خەيرلىق دۇئاسىدىن ئالاھىدە بەھرىمان بولۇش؛

—(4) پۈتكۈل ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن كاھىنلىق (دۇئا قىلىش) ۋەزىپىسىنى ئۆتەش.

32 ئەساۋ: ــ مەن ئۆلەي دەۋاتىمەن، بۇ تۇنجىلىق ھوقۇقىنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟ ــ دېدى.
33 ياقۇپ: ــ ئەمىسە ھازىر ماڭا قەسەم قىلغىن، دېۋىدى، ئۇ ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ، تۇنجىلىق ھوقۇقىنى ياقۇپقا سېتىپ بەردى.
34 شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ ئەساۋغا نان بىلەن قىزىل پۇرچاق شورپىسىنى بەردى. ئۇ يەپ-ئىچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئەساۋ تۇنجىلىق ھوقۇقىغا شۇنچە ئېتىبارسىز قارىغانىدى.

## ئىسھاقنىڭ گەراردا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇشى

26 1 قانائان زېمىنىدا ئىبراھىمنىڭ ۋاقتىدىكى ئاچارچىلىقتىن باشقا يەنە بىر قېتىملىق ئاچارچىلىق يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق گەرار شەھىرىگە، فىلىستىيلەرنىڭ پادىشاھى ئابىمەلەكنىڭ قېشىغا باردى. 2 پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ مۇنداق دېدى: ــ سەن مىسىرغا چۈشمەي، بەلكى مەن ساڭا كۆرسىتىپ بېرىدىغان يۇرتتا تۇرغىن. 3 مۇشۇ زېمىندىن چىقماي مۇساپىر بولۇپ تۇرغىن؛ شۇنىڭ بىلەن مەن سەن بىلەن بىللە بولۇپ، ساڭا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىمەن؛ چۈنكى مەن سەن ۋە نەسلىڭگە بۇ زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ، ئاتاڭ ئىبراھىمغا بەرگەن قەسىمىمنى ئادا قىلىمەن؛ 4 نەسلىڭنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك ئاۋۇتىمەن ۋە نەسلىڭگە بۇ زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن؛ يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەل-يۇرتلار نەسلىڭنىڭ

---

—بىز «تۇنجىلىق ھوقۇقى» توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە توختىلىمىز.
**32:25** يەش. 13:22؛ 1كور. 32:15.
**1:26 «ئابىمەلەك»** ــ شۇ ۋاقىتتا گەرار پادىشاھىنىڭ ئومۇمىي ئۇنۋانى ئىدى. بۇ «ئابىمەلەك» ئىبراھىمنىڭ ۋاقتىدىكى «ئابىمەلەك» (20-باب) ئەمەس.
**2:26 «سەن مىسىرغا چۈشمەي»** ــ گەرار شەھىرى قانائان زېمىنىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، مىسىر زېمىنىغا بارىدىغان يول ئۈستىدە ئىدى.
**3:26** يار. 15:13؛ 18:15.

نامى بىلەن ئۆزلىرىگە بەخت-بەرىكەت تىلەيدۇ؛ [5] چۈنكى
ئىبراھىم مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق سېلىپ، تاپىلىغىنىم، ئەمرلىرىم،
بەلگىلىمىلىرىم ۋە قانۇنلىرىمنى بەجا كەلتۈردى، ــ دېدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق گەراردا تۇرۇپ قالدى. [7] ئەمما ئۇ يەرلىك
كىشىلەر ئۇنىڭ ئايالى توغرىسىدا سورىسا ئۇ: ــ بۇ مېنىڭ سىڭلىم
بولىدۇ، ــ دېدى؛ چۈنكى رىۋكاھ ئىنتايىن چىرايلىق بولغاچقا، ئىسھاق
ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ»، دېسەم، بۇ يەرلىك ئادەملەر
رىۋكاھنىڭ سەۋەبىدىن مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن، ــ دەپ قورقتى.
[8] لېكىن ئۇ شۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن شۇنداق بولدىكى،
فىلىستىيلەرنىڭ پادىشاھى ئابىمەلەك دەرىزىدىن قارىۋىدى، مانا
ئىسھاق ۋە ئايالى رىۋكاھ بىر-بىرىگە ئەركىلىشىپ تۇراتتى. [9] ئاندىن
ئابىمەلەك ئىسھاقنى چاقىرىپ: ــ مانا، ئۇ جەزمەن سېنىڭ ئايالىڭ
ئىكەن! سەن نېمە دەپ: «ئۇ مېنىڭ سىڭلىم»، دېدىڭ؟ ــ دېۋىدى،
ئىسھاق ئۇنىڭغا: ــ چۈنكى مەن ئەسلىدە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بىرسى
مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، ــ دېدى.
[10] ئابىمەلەك ئۇنىڭغا: بۇ بىزگە نېمە قىلغىنىڭ؟ تاس قاپتۇ خەلق
ئارىسىدىن بىرەرسى ئايالىڭ بىلەن بىرگە بولغىلى؟! ئۇنداق بولغان
بولسا سەن بىزنى گۇناھقا پاتقۇزغان بولاتتىڭ! ــ دېدى.
[11] ئاندىن ئابىمەلەك ھەممە خەلققە بۇيرۇپ: ــ كىمكى بۇ كىشىگە
ۋە ياكى خوتۇنىغا قول تەگكۈزسە جەزمەن ئۆلتۈرۈلمەي قالمايدۇ، ــ
دەپ يارلىق چۈشۈردى.
[12] ئىسھاق ئۇ زېمىندا تېرىقچىلىق قىلدى: ئۇ شۇ يىلى يەردىن يۈز
ھەسسە ھوسۇل ئالدى؛ پەرۋەردىگار ئۇنى بەرىكەتلىگەنىدى. [13] بۇ

4:26 **«يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەل-يۇرتلار نەسلىڭنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرىگە بەخت-بەرىكەت تىلەيدۇ»** ــ ياكى «يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەل-يۇرتلار نەسلىڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ».

**4:26** يار. 3:12؛ 18:18؛ 18:22.

8:26 **«ئىسھاق ۋە ئايالى رىۋكاھ بىر-بىرىگە ئەركىلىشىپ تۇراتتى»** ــ ياكى «ئىسھاق ئايالى رىۋكاھنى سىلاپ تۇراتتى».

كىشى باش كۆتۈرۈپ، بارغانسېرى راۋاج تېپىپ، تولىمۇ كاتتا كىشىلەردىن بولۇپ قالدى. [14] ئۇنىڭ قوي-كالا پادىلىرى ۋە ئۆيىدىكى قۇللىرى ئىنتايىن كۆپەيدى؛ فىلىستىيلەر ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغىلى تۇردى.

[15] بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىمنىڭ كۈنلىرىدە ئاتىسىنىڭ قۇللىرى كولىغان قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى فىلىستىيلەر ئېتىپ، توپا بىلەن تىندۇرۇۋەتتى.

[16] ئابىمەلەك ئىسھاققا: ــ سەن بىزدىن زىيادە كۈچىيىپ كەتتىڭ، ئەمدى ئارىمىزدىن چىقىپ كەتكىن، ــ دېدى.

[17] ئىسھاق ئۇ يەردىن كېتىپ، گەرار ۋادىسىغا چېدىر تىكىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. [18] ئىبراھىم ھايات ۋاقتىدا قۇللىرى بىرمۇنچە قۇدۇقلارنى قازغانىدى؛ بىراق ئىبراھىم ئۆلگەندىن كېيىن، فىلىستىيلەر بۇلارنى توپا بىلەن تىندۇرۇۋەتكەنىدى. ئىسھاق بۇ قۇدۇقلارنى قايتىدىن كولىتىپ، ئۇلارغا ئاتىسى ئىلگىرى قويغان ئىسىملارنى يەنە قويدى. [19] ئىسھاقنىڭ قۇللىرى ۋادىدا قۇدۇق كولاۋاتقاندا سۇلىرى ئۇرغۇپ چىقىپ ئاقىدىغان بىر قۇدۇقنى تېپىۋالدى. [20] لېكىن گەراردىكى پادىچىلار ئىسھاقنىڭ پادىچىلىرىدىن ئۇنى تالىشىپ: ــ بۇ سۇ بىزنىڭكىدۇر، ــ دېدى. ئۇلار ئىسھاق بىلەن جېدەللەشكەچكە، ئۇ بۇ قۇدۇقنى «ئېسەك» دەپ ئاتىدى. [21] ئۇلار يەنە باشقا بىر قۇدۇقنى كولىدى، ئۇلار يەنە بۇ قۇدۇق توغرىسىدا جېدەللەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق بۇنىڭ ئىسمىنى «سىتناھ» دەپ ئاتىدى.

[22] ئاندىن ئۇ ئۇ يەردىن كېتىپ، باشقا يەرگە بېرىپ، شۇ يەردىمۇ يەنە بىر قۇدۇق كولىدى؛ ئەمدى گەراردىكىلەر بۇ قۇدۇقنى تالاشمىدى. بۇ

---

15:26 **«قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى فىلىستىيلەر ئېتىپ، توپا بىلەن تىندۇرۇۋەتتى»** ــ ئاچارچىلىق بولغان ۋاقىتدا بۇنداق قىلىش يامان ئىش ھېسابلىناتتى ھەم ھاماقەتلىك بولاتتى.

20:26 **«ئېسەك»** ــ «ماجىرا».

21:26 **«سىتناھ»** ــ «قارشىلىق».

سەۋەبتىن ئۇ ئۇنىڭ ئىتىنى «رەھوبوت» قويۇپ: «ئەمدى پەرۋەردىگار بىز ئۈچۈن جاي بەرگەنىكەن، بۇ زېمىندا مېۋىلىك بولىمىز»، ــ دېدى.

[23] ئاندىن ئۇ ئۇ يەردىن چىقىپ بەئەر-شېباغا باردى. [24] پەرۋەردىگار شۇ كېچىسى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ: ــ مەن بولسام ئاتاڭ ئىبراھىمنىڭ خۇداسىدۇرمەن؛ قورقمىغىن، چۈنكى مەن سەن بىلەن بىللىمەن، سېنى بەخت-بەرىكەتلەپ، نەسلىڭنى قۇلۇم ئىبراھىمنىڭ سەۋەبىدىن ئاۋۇتىمەن، ــ دېدى.

[25] ئۇ شۇ يەردە بىر قۇربانگاھ ياساپ، پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا نىدا قىلىپ ئىبادەت قىلدى. ئۇ شۇ يەردە چېدىرىنى تىكتى، ئىسھاقنىڭ قۇللىرى شۇ يەردە بىر قۇدۇق كولىدى.

## ئىسھاقنىڭ ئابىمەلەك پادىشاھ بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى

[26] ئەمدى ئابىمەلەك، ئاغىنىسى ئاھۇززات بىلەن لەشكەربېشى فىكول بىرگە گەراردىن چىقىپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردى. [27] ئىسھاق ئۇلارغا: ــ ماڭا ئۆچمەنلىك قىلىپ، مېنى ئاراڭلاردىن قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قېشىمغا كەلدىڭلار؟ ــ دېدى.

[28-29] ئۇلار جاۋابەن: ــ بىز پەرۋەردىگارنىڭ سەن بىلەن بىللە بولغىنىنى روشەن بايقىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىز سېنىڭ توغراڭدا: «ئوتتۇرىمىزدا بىر كېلىشىم بولسۇن، يەنى بىزلەر بىلەن سەن بىر-بىرىمىزگە قەسەم بېرىپ ئەھدە قىلىشايلى» دېدۇق؛ شۇ ۋەجىدىن سەن بىزگە ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەيسەن؛ بىز ساڭا ھېچ تەگمىگىنىمىزدەك، شۇنداقلا ساڭا ياخشىلىقتىن باشقا ھېچبىر نېمە قىلمىغىنىمىزدەك (بەلكى سېنى ئامان-ئېسەنلىك ئىچىدە يولۇڭغا ئەۋەتكەنىدۇق) سەنمۇ شۇنداق قىلغايسەن. مانا ھازىر سەن پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بەخت-بەرىكەت كۆرۈۋاتىسەن! ــ

22:26 **«رەھوبوت»** ــ «ئازادە يەر».

دېيىشتى.
30 شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارغا بىر زىياپەت قىلىپ بەردى. ئۇلار بولسا
يەپ-ئىچتى. 31 ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇلار قوپۇپ بىر-بىرىگە قەسەم
قىلىشتى؛ ئاندىن ئىسھاق ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى؛ ئۇلار
ئۇنىڭ قېشىدىن ئامان-ئېسەن كەتتى.
32 ئۇ كۈنى شۇنداق بولدىكى، ئىسھاقنىڭ قۇللىرى كېلىپ،
ئۇنىڭغا ئۆزى كولىغان قۇدۇق توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ: «بىز سۇ
تاپتۇق!» دېدى. 33 ئۇ ئۇنىڭ نامىنى «شىباھ» قويدى. بۇ سەۋەبتىن
بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى بۈگۈنگىچە «بەئەر-شىبا» دەپ ئاتىلىپ
كەلمەكتە.

## ئەساۋنىڭ يات قەبىلىدىن ئالغان ئاياللىرى

34 ئەساۋ قىرىق ياشقا كىرگەندە، ھىتتىيلاردىن بولغان بەئەرىنىڭ
قىزى يەھۇدىت بىلەن ھىتتىيلاردىن بولغان ئېلوننىڭ قىزى
باسىماتنى خوتۇنلۇققا ئالدى. 35 ئەمما بۇلار ئىسھاق بىلەن
رىۋكاھنىڭ كۆڭلىگە ئازاب ئېلىپ كەلدى.

## ياقۇپنىڭ ئىسھاقنى ئالدىشى

27 1 ئىسھاق قېرىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ، كۆزى غۇۋا كۆرىدىغان
بولۇپ قالغاندا شۇنداق بولدىكى، ئۇ چوڭ ئوغلى ئەساۋنى

---

26:28-29 **«ئەھدە قىلىشىش»** — «ئەھدە كېسىش» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (10:15نى كۆرۈڭ).

26:33 **«شىباھ» ۋە «شىبا»** — بۇ ئىككى سۆز «قەسەم» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «بەئەر-شىبا» دېگەننىڭ مەنىسى «قەسەمنىڭ قۇدۇقى». بۇ بەلكىم شۇ يەردىكى ئىككىنچى قۇدۇق بولۇشى مۇمكىن؛ ئىبراھىم ئەسلىدە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىش تۈپەيلىدىن شۇ يەرگە ئوخشاش ئىسىم قويغانىدى (21:31نىمۇ كۆرۈڭ).

**26:35** يار. 27:46.

چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ ئوغلۇم! ــ دېدى.
ئۇ: ــ مانا مەن! ــ دەپ جاۋاب بەردى.
[2]ئۇ ئۇنىڭغا: ــ مانا مەن ئەمدى قېرىپ كەتتىم، قانچىلىك كۈن
كۆرىدىغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. [3]شۇڭا سەندىن ئۆتۈنىمەن، قوراللىرىڭ،
يەنى ساداق ۋە ئوقيايىڭنى ئېلىپ جاڭگالغا چىقىپ، مەن ئۈچۈن
بىر ئوۋ ئوۋلاپ كەل؛ [4]مەن ياخشى كۆرىدىغان مەززىلىك تاماقتىن
بىرنى ئېتىپ، ماڭا كەلتۈرگىن. مەن ئۇنى يەپ، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى
كۆڭلۈمدىن ساڭا بەخت-بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلاي، ــ دېدى.
[5]ئىسھاق ئوغلى ئەساۋغا سۆز قىلغاندا رىۋكاھمۇ ئاڭلىدى. ئەساۋ
ئوۋ ئوۋلاپ كەلگىلى جاڭگالغا چىقىپ كەتكەندە، [6-7]رىۋكاھ ئوغلى
ياقۇپقا: ــ مانا مەن ئاتاڭنىڭ ئاكاڭ ئەساۋغا: «سەن ئوۋ ئوۋلاپ
كېلىپ، ماڭا مەززىلىك بىر تائامنى ئەتكىن؛ مەن ئۇنى يەپ ئۆلۈپ
كېتىشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگار ئالدىدا ساڭا بەخت-بەرىكەت تىلەپ
دۇئا قىلاي»، ــ دەپ ئېيتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. [8]ئەمدى، ئى ئوغلۇم،
سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ بۇيرۇغىنىمنى قىلغىن. [9]سەن دەرھال پادىغا
بېرىپ، ئۆچكىلەرنىڭ ئىچىدىن ئېسىل ئىككى ئوغلاقنى ئېلىپ
كەلگىن؛ مەن ئۇلاردىن ئاتاڭ ئۈچۈن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان مەززىلىك
بىر تائام تەييار قىلاي. [10]سەن ئۇنى ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگىن.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەپ، ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ساڭا بەخت-بەرىكەت
تىلەپ دۇئا قىلىدۇ، ــ دېدى. [11]لېكىن ياقۇپ ئانىسى رىۋكاھغا: ــ
مانا ئاكام ئەساۋ بولسا تۈكلۈك كىشى، مەن بولسام تۈكسىز سىلىق
تەنلىك ئادەممەن. [12]مۇبادا ئاتام مېنى سىلاپ قالسا، ئۇنداقتا مەن
ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇنى مازاق قىلغۇچى ئادەم بولۇپ قېلىپ، بېشىمغا
بەرىكەت ئەمەس، بەلكى لەنەت تاپارمەنمىكىن، دېدى.
[13]ئانىسى ئۇنىڭغا: ــ ئەي ئوغلۇم، ساڭا چۈشىدىغان لەنەت ماڭا
چۈشسۇن؛ ئەمما سەن پەقەت سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، بېرىپ
ئوغلاقلارنى ئېلىپ كەل، ــ دېدى.
[14]ئۇ بېرىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئانىسىغا بەردى. ئانىسى

ئۇنىڭ ئاتىسى ياخشى كۆرىدىغان مەززىلىك بىر تائامنى تەييار قىلدى. [15] ئاندىن رىۋكاھ تۇنجى ئوغلى ئەساۋنىڭ ئۆيدە ئۆز يېنىدا ساقلاقلىق ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى ئېلىپ كىچىك ئوغلى ياقۇپقا كىيدۈرۈپ، [16] ئوغلاقلارنىڭ تېرىسىنى ئىككى قولى بىلەن بويىنىنىڭ تۈكسىز جايىغا يۆگەپ، [17] ئاندىن ئۆزى ئەتكەن مەززىلىك تائاملار بىلەن نانلارنى ئوغلى ياقۇپنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. [18] ياقۇپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ: ــ ئەي ئاتا! دېدى.
ئۇ: ــ مانا مەن! ئوغلۇم، سەن كىم بولىسەن؟ ــ دېۋىدى، [19] ياقۇپ ئاتىسىغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن چوڭ ئوغۇللىرى ئەساۋمەن، ماڭا ئېيتقانلىرىدەك قىلدىم؛ ئەمدى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئولتۇرۇپ قىلغان ئوۋۇمنىڭ گۆشىگە ئېغىز تېگىپ، ئاندىن كۆڭۈللىرىدىن ماڭا بەخت-بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغايلا، ــ دېدى.
[20] ئىسهاق ئوغلىغا: ــ ئەي ئوغلۇم، قانداقمۇ ئۇنى شۇنچە تېز تېپىپ كەلدىڭ؟ ــ دېۋىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدالىرى ئۇنى دەل يولۇمغا يولۇقتۇردى، ــ دېدى.
[21] ئىسهاق ياقۇپقا: ــ ئەي ئوغلۇم، يېقىنراق كەل، سەن راست ئوغلۇم ئەساۋمۇ، ئەمەسمۇ، سىلاپ باقاي، ــ دېدى.
[22] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ ئاتىسى ئىسهاقنىڭ قېشىغا يېقىن باردى؛ ئۇ ئۇنى سىلاپ تۇرۇپ: ــ ئاۋاز ياقۇپنىڭ ئاۋازى، لېكىن قول بولسا ئەساۋنىڭ قولىدۇر، ــ دېدى.
[23] ئۇنىڭ قوللىرى بولسا ئاكىسى ئەساۋنىڭ قوللىرىدەك تۈكلۈك بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى تونىيالماي، ئۇنىڭغا بەخت-بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى. [24] ئاندىن ئۇ يەنە: ــ سەن راست ئوغلۇم ئەساۋمۇسەن؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ دەل مەن، ــ دېدى.
[25] ئىسهاق ئۇنىڭغا: ــ تائامنى ئېلىپ كەلگىن، مەن ئوغلۇمنىڭ ئوۋ گۆشىدىن يەپ، كۆڭلۈمدىن ساڭا بەخت-بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلاي، ــ دېدى. ياقۇپ ئۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى؛ ئۇ يېدى. ئۇ شاراب كەلتۈرۈۋىدى، ئۇنىمۇ ئىچتى.

26 ئاندىن ئاتىسى ئىسھاق ئۇنىڭغا: ــ ئەي ئوغلۇم، ئەمدى يېقىن
كېلىپ مېنى سۆيگىن، ــ دېدى.
27 ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى سۆيدى. ئاتىسى ئۇنىڭ
كىيىمىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ ئۇنىڭغا بەخت-بەرىكەت تىلەپ دۇئا
قىلىپ: ــ

«مانا، ئوغلۇمنىڭ تېنىدىكى پۇراق پەرۋەردىگار بەرىكەتلىگەن
كۆكلەمزارنىڭ خۇش پۇرىقىغا ئوخشايدىكەن!
28 خۇدا ساڭا ئاسماننىڭ شەبنىمى،
يەرنىڭ مۇنبەت كۈچىنى ئاتا قىلىپ،
ئاشلىق-تۈلۈك بىلەن شارابنىمۇ كۆپ بەرگەي.
29 خەلقلەر سېنىڭ قۇللۇقۇڭدا بولغاي،
ئەل-مىللەتلەر ئالدىڭدا تىزلانغاي؛
قېرىنداشلىرىڭغا خوجا بولغايسەن؛
ئاناڭنىڭ ئوغۇللىرى ساڭا تىزلانغاي؛
ساڭا لەنەت قىلغانلار لەنەتكە قالغاي؛
ساڭا بەخت تىلىگەنلەر بەخت تاپقاي!» ــ دېدى.

## ئەساۋنىڭ ئىسھاقتىن دۇئا تەلەپ قىلىشى

30 شۇنداق بولدىكى، ئىسھاق ياقۇپقا دۇئا قىلىپ بولۇپ، ياقۇپ ئاتىسى
ئىسھاقنىڭ قېشىدىن چىقىپ بولۇشىغا، ئاكىسى ئەساۋ ئوۋدىن قايتىپ
كەلدى. 31 ئۇمۇ مەززىلىك تائاملارنى ئېتىپ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ
كىرىپ، ئاتىسىغا: ــ ئاتا قوپقايلا، ئوغۇللىرىنىڭ ئوۋ گۆشىدىن يەپ،
كۆڭۈللىرىدىن ماڭا بەخت-بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغايلا، ــ دېدى.
32 ئاتىسى ئىسھاق ئۇنىڭغا: ــ سەن كىمسەن؟ ــ دېدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ:

27:27 **«كۆكلەمزارنىڭ خۇش پۇرىقى»** ــ دېمەك، دالادىكى ھەرخىل گۈل-گىياھنىڭ ۋە ئوت-چۆپنىڭ خۇش پۇرىقى سىڭدۈرۈلگەن.

**28:27** ئىبر. 20:11.

**29:27** يار. 3:12.

ــ مەن ئوغۇللىرى، چوڭ ئوغۇللىرى ئەساۋمەن! ــ دېدى.
33 بۇنى ئاڭلاپ ئىسھاق ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، پۈتۈن بەدىنى
جالاقلاپ تىترەپ: ــ ئۇنداقتا باياتىن ئوۋ ئوۋلاپ ئېلىپ كەلگىنى
كىم؟ سەن كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن يەپ،
ئۇنىڭغا بەخت-بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدىم؛ ۋە بەرھەق، ئۇ بەخت-
بەرىكەت كۆرىدۇ! ــ دېدى.
34 ئەساۋ ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا ئىنتايىن ئېچىنارلىق ھالدا
ئۈن سېلىپ ئاچچىق پەرياد كۆتۈرۈپ ئاتىسىغا: ــ مېنىمۇ، ئى ئاتا،
مېنىمۇ بەخت-بەرىكەتلىگەيلا! ــ دېدى.
35 ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ سېنىڭ ئىنىڭ ھىيلە بىلەن كىرىپ، ساڭا
تېگىشلىك بەخت-بەرىكەتنى ئېلىپ كېتىپتۇ، دېدى.
36 ئەساۋ: ــ راست ئۇنىڭ ئېتى ياقۇپ ئەمەسمۇ؟! چۈنكى ئۇ ئىككى
قېتىم مېنى پۈتلاپ، ئورنۇمنى تارتىۋالدى. ئاۋۋال تۇنجىلىق
ھوقۇقۇمنى تارتىۋالدى ۋە مانا ھازىر ئۇ ماڭا تېگىدىغان بەخت-
بەرىكەتنى ئېلىپ كەتتى، ــ دېدى، ئاندىن يەنە: ــ مېنىڭ ئۈچۈن
بىرەر بەخت-بەرىكەت قالدۇرمىدىلىمۇ؟ ــ دېدى.
37 ئىسھاق ئەساۋغا جاۋاب بېرىپ: ــ مانا، مەن ئۇنى ئۈستۈڭگە خوجا
قىلدىم؛ ھەممە قېرىنداشلىرىنى ئۇنىڭ قۇللۇقىدا بولىدىغان
قىلدىم؛ ئاشلىق ۋە يېڭى شاراب بىلەن ئۇنى قۇۋۋەتلىدىم؛ ئەي
ئوغلۇم، ئەمدى ساڭا يەنە نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەيمەن؟ ــ دېدى.
38 ئەساۋ ئاتىسىغا يەنە: ــ ئەي ئاتا، سىلىدە پەقەت شۇ بىرلا بەخت-
بەرىكەت بار ئىدىمۇ؟ ماڭا، ئەي ئاتا، ماڭىمۇ بەخت-بەرىكەت تىلەپ

---

**34:27** ئىبر. 17:12.

**36:27 «مېنى پۈتلاپ، ئورنۇمنى تارتىۋالدى»** ــ بۇ دېگەنلىك ئىبرانىي تىلدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «ياقۇپ» دېگەننىڭ بىر مەنىسى «ئورۇن ئىگىلىۋالغۇچى» (26:25نى كۆرۈڭ). مۇشۇ يەردە «پۈتلىغۇچى» دېگەن يەنە بىر مەنىسى بولۇشى مۇمكىن.

**36:27** يار. 33:25.

دۇئا قىلغايلا! دېدى. ئاندىن ئۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.
[39] ئاتىسى ئىسھاق ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ
«مانا، تۇرالغۇ جايىڭ يەرنىڭ مۇنبەت كۆچىدىن نېرى،
ئېگىز ئاسمانىنىڭ شەبنەمىدىن يىراق بولۇر؛
[40] سەن قىلىچىڭغا تايىنىپ جان باقىسەن،
ئىنىڭنىڭ خىزمىتىدە بولىسەن؛
لېكىن چېگرىدىن چىقىپ كەزگىنىڭدە،
سەن بويىنۇڭدىن ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى چىقىرىپ سۇندۇرۇۋېتىسەن»
ــ دېدى.

[41] شۇڭا ئەساۋ ئاتىسى ئۇنىڭغا تىلىگەن بەخت-بەرىكەت سەۋەبىدىن ياقۇپقا ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈردى. ئەساۋ كۆڭلىدە: ــ ئاتامنىڭ ماتەم كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالدى؛ شۇ چاغدا ئىنىم ياقۇپنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ خىيال قىلدى. [42] لېكىن رىۋكاھ چوڭ ئوغلى ئەساۋنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ كىچىك ئوغلى ياقۇپنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ مانا ئاكاڭ ئەساۋ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ ئۆز-ئۆزىدىن تەسەللى تېپىۋېتىپتۇ؛ [43] ئەمدى ئەي ئوغلۇم، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، قوپۇپ ھارانغا، ئاكام لابانىنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكىن؛ [44] ئاكاڭنىڭ قەھرى يانغۇچە، ئۇنىڭ قېشىدا بىرنەچچە ۋاقىت تۇرغىن. [45] ئاكاڭ ئاچچىقىدىن يېنىپ، سېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغىنىڭنى ئۇنتۇپ كەتكۈچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن؛ ئاندىن مەن ئادەم ئەۋەتىپ، سېنى ئۇ يەردىن ئالدۇرۇپ كېلىمەن. نېمە ئۈچۈن بىر كۈندىلا ھەر ئىككىڭلاردىن مەھرۇم بولۇپ قالاي؟ ــ دېدى.

## ياقۇپنىڭ لاباننىڭ يېنىغا سەپەر قىلىشى

[46] ئەمما رىۋكاھ ئىسھاققا: ــ مەن مۇشۇ ھىتتىي قىزلار ۋەجىدىن جېنىمدىن جاق تويدۇم. ئەگەر ياقۇپمۇ بۇ يۇرتتىكى قىزلاردىن، مۇشۇنداق ھىتتىي قىزنى خوتۇنلۇققا ئالسا ياشىغىنىمنىڭ ماڭا

38:27 ئىبر. 17:12.

نېمە پايدىسى؟ ــ دېدى.

28 [1] شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق ياقۇپنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا
بەخت-بەرىكەت تىلەپ، ئۇنىڭغا جېكىلەپ: ــ سەن
قانائانىيلارنىڭ قىزلىرىدىن خوتۇن ئالما؛ [2] بەلكى قوپۇپ، پادان-
ئارامغا، ئاناڭنىڭ ئاتىسى بېتۇئەلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن
ئاناڭنىڭ ئاكىسى لابانىنىڭ قىزلىرىدىن خوتۇن ئالغىن. [3] ھەممىگە
قادىر تەڭرى سېنى بەخت-بەرىكەتلەپ، ئاۋۇتۇپ، سەندىن كۆپ
خەلقلەرنى چىقىرىپ كۆپەيتكەي، [4] شۇنداقلا ئىبراھىمنىڭ
بەخت-بەرىكىتىنى ساڭا ۋە سېنىڭ بىلەن نەسلىڭگە بەرگەي؛
شۇنداق قىلىپ سەن ھازىر مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان يەرنى،
يەنى ئەسلىدە خۇدا ئىبراھىمغا بەرگەن زېمىننى ئىگىلىگەيسەن!
ــ دېدى.
[5] شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق ياقۇپنى يولغا سالدى. ئۇ پادان-ئارامغا،
ئارامىي بېتۇئەلنىڭ ئوغلى، ياقۇپ بىلەن ئەساۋنىڭ ئانىسى
رىۋكاھنىڭ ئاكىسى لابانىنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى.

## ئەساۋنىڭ يەنە بىر ئايال ئېلىشى

[6-7] ئەساۋ ئىسھاقنىڭ ياقۇپقا بەخت-بەرىكەت تىلەپ، ئۇنى پادان-
ئارامغا شۇيەردىن خوتۇن ئېلىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا
بەخت-بەرىكەت تىلەپ، ئۇنىڭغا جېكىلەپ: سەن قانائانىيلارنىڭ
قىزلىرىدىن خوتۇن ئالمىغىن، دېگەنلىرىنى ئۇققۇپ، ياقۇپنىڭمۇ ئۆز
ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلىپ، پادان-ئارامغا كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىدە،

**46:27** يار. 35:26.
**2:28** ھوش. 13:12.
**4:28** يار. 7:12؛ 15:13؛ 18:15؛ 7:24؛ 3:26؛ قان. 4:34؛ روس. 5:7.
5:28 **«ئارامىي»** ــ يەنى «سۈرىيەلىك».

[8]ئەساۋ: ــ قانائانىيلارنىڭ قىزلىرى ئاتام ئىسھاقنىڭ نەزىرىدە يامان
كۆرۈنىدىكەن، دەپ بىلىپ يەتتى. [9]ئۇ ئىسمائىلنىڭ قېشىغا بېرىپ،
ھازىرقى خوتۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ
قىزى، نېبايوتنىڭ سىڭلىسى ماھالاتنى خوتۇنلۇققا ئالدى.

## ياقۇپنىڭ بەيت-ئەلدە چۈش كۆرۈشى

[10]ياقۇپ بولسا بەئەر-شېبادىن چىقىپ، ھاران تەرەپكە مېڭىپ، [11]بىر
يەرگە يېتىپ كەلگەندە، كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەچكە شۇ يەردە قونماقچى
بولدى. ئۇ شۇ يەردىكى تاشلاردىن بىرىنى ئېلىپ، بېشىغا ياستۇق
قىلىپ قويۇپ، ئۇخلىغىلى ياتتى. [12]ئۇ بىر چۈش كۆردى: ــ مانا،
ئۇچى ئاسمانلارغا تاقىشىدىغان بىر پەلەمپەي يەردە تىكلەكلىك
تۇراتتى؛ خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭدا چىقىپ-چۈشۈپ تۇرۇ
شاتتى. [13]مانا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇ: ــ «مەن
بولسام ئاتاڭ ئىبراھىمنىڭ خۇداسى ۋە ئىسھاقنىڭ خۇداسى
بولغان پەرۋەردىگاردۇرمەن؛ مەن سەن ياتقان بۇ زېمىننى سېنىڭ
بىلەن نەسلىڭگە بېرىمەن. [14]نەسلىڭ بولسا يەرنىڭ توپىسىدەك
كۆپ بولۇپ، سەن مەغرىب بىلەن مەشرىققە، شىمال بىلەن جەنۇبقا
يېيىلىسەن؛ سەن ۋە نەسلىڭنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن يەر يۈزىدىكى
بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ. [15]مانا، مەن سەن
بىلەن بىللىدۇرمەن، قەيەرگە بارساڭ سېنى ئامان-ئېسەن ساقلاپ،
بۇ زېمىنغا سېنى قايتۇرۇپ كېلىمەن؛ چۈنكى ساڭا ئېيتقان سۆزۈمنى
ئادا قىلماي تۇرۇپ، سېنى تاشلىمايمەن» ــ دېدى.

---

**11:28 «تاشلاردىن بىرىنى ئېلىپ، بېشىغا ياستۇق قىلىپ قويۇپ،،...»** ــ ياكى «تاشلاردىن بىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ...».

**12:28** يۇھ. 1:52.

**13:28 «پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى»** ــ مەنىسى بەلكىم «پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى».

**13:28** يار. 1:35، 3؛ 3:48؛ قان. 20:12؛ 8:19.

**14:28** يار. 3:12؛ 18:18؛ 18:22؛ 4:26.

[16] ئاندىن ياقۇپ ئويغىنىپ: ــ بەرھەق، پەرۋەردىگار بۇ يەردىدۇر، لېكىن
مەن ئۇنى بىلمەپتىمەن، ــ دېدى. [17] ئۇ قورقۇپ كېتىپ: بۇ جاي ئالامەت
دەھشەتلىك بىر جاي ئىكەن! بۇ خۇدانىڭ ئۆيى بىلەن ئاسمانىنىڭ
دەرۋازىسىدىن باشقا ھېچ جاي ئەمەستۇر، ــ دېدى.
[18] ياقۇپ ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، بېشىنىڭ ئاستىغا قويغان تاشنى
ئېلىپ، خاتىرە تۈۋرۈك سۈپىتىدە تىكلەپ، ئۈستىگە زەيتۇن مېيى
قۇيۇپ قويدى. [19] ئۇ جاينىڭ ئىسمىنى بەيت-ئەل دەپ ئاتىدى؛ ئەمما
ئىلگىرى ئۇ جاينىڭ ئېتى لۇز ئىدى.
[20] ئاندىن ياقۇپ قەسەم بىلەن ۋەدە قىلىپ: ــ ئەگەر خۇدا مېنىڭ بىلەن
بىللە بولۇپ، بۇ سەپىرىمدە مېنى ساقلاپ، يېگىلى نان، كىيگىلى
كىيىم بېرىپ، [21] مەن ئاتامنىڭ ئۆيىگە ئامان-ئېسەن يېنىپ بارسام،
ئۇنداقتا پەرۋەردىگار مېنىڭ خۇدايىم بولىدۇ؛ [22] شۇنىڭدەك مەن
خاتىرە تۈۋرۈك سۈپىتىدە تىكلەپ قويغان بۇ تاش خۇدانىڭ ئۆيى
بولىدۇ؛ ھەم شۇنداقلا سەن ماڭا بېرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ
ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ساڭا تەقدىم قىلماي قالمايمەن، ــ دېدى.

## ياقۇپنىڭ لابانىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى

29 [1] ئاندىن ياقۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەشرىقتىكى
قوۋملارنىڭ زېمىنىغا يېتىپ كەلدى. [2] ئۇ قارىۋىدى، مانا،
يايلاقتا بىر قۇدۇق تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئۈچ توپ قوي پادىسى تۇراتتى؛
چۈنكى خەلق بۇ قۇدۇقتىن پادىلارنى سۇغىراتتى. قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا
يوغان بىر تاش قويۇقلۇق ئىدى. [3] قاچانىكى پادىلارنىڭ ھەممىسى

17:28 **«ئاسمانىنىڭ دەرۋازىسى»** ــ تەكىتلەيدىغان ىش مۇشۇ يەردە «بۇ جاي ئاسمانىنىڭ كىرىش يولى» دېگەنلىك ئەمەس (بۇ مەنىسى بار، ئەلۋەتتە)، بەلكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ مۇھىم ئىشلىرى دەرۋاسىدا بەجا كەلتۈرۈلگەنگە ئوخشاش، «بۇ جاي» دەل ئاسمانلارنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بەجا كۆلتۈرۈلۈۋاتقان جايدۇر.

18:28 **«بەيت-ئەل»** ــ «خۇدانىڭ ئۆيى».

**18:28** يار. 13:31؛ 14:35.

**ئۇ يەرگە يىغىلسا، پادىچىلار بىرلىكتە قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى
يۇمىلىتىۋېتىپ، قويلارنى سۇغىرىپ، ئاندىن تاشنى يەنە قۇدۇقنىڭ
ئاغزىغا ئۆز ئورنىغا قويۇپ قوياتتى. 4 ياقۇپ پادىچىلاردىن: ئەي بۇرادەرلەر،
سىلەر قەيەرلىك؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇلار: ــ بىز ھارانلىقمىز، دېدى.
5 ئۇ ئۇلاردىن: ــ سىلەر ناھورنىڭ ئوغلى لاباننى تونۇمسىلەر؟ ــ دەپ
سورىدى. ئۇلار: ــ تونۇيمىز، دېدى.
6 ئۇ ئۇلاردىن: ــ ئۇ سالامەتمۇ، دەپ سورىۋىدى، ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ
ئۇ سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ. مانا ئەنە ئۇنىڭ قىزى راھىلە قويلىرى بىلەن
كېلىۋاتىدۇ، دېدى.
7 ئۇ: ــ مانا، كۈن تېخى ئېگىز تۇرسا، ھازىر تېخى مالنىڭ يىغىلىدىغان
ۋاقتى بولمىدى؛ نېمىشقا قويلارنى سۇغىرىپ، ئاندىن يەنە بېرىپ
ئوتلاتمايسىلەر؟ ــ دېدى.
8 ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ ياق، مۇنداق قىلالمايمىز. ئاۋۋال پادىلارنىڭ
ھەممىسى يىغىلىپ، پادىچىلار تاشنى قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن
يۇمىلىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن قويلارنى سۇغىرىمىز، دېدى.
9 ئۇ ئۇلار بىلەن گەپلىشىپ تۇرغىنىدا، راھىلە ئاتىسىنىڭ قويلىرى
بىلەن يېتىپ كەلدى؛ چۈنكى ئۇ قوي باققۇچى ئىدى. 10 شۇنداق
بولدىكى، ياقۇپ ئانىسىنىڭ ئاكىسى لاباننىڭ قىزى راھىلە بىلەن
ئانىسىنىڭ ئاكىسى لاباننىڭ قويلىرىنى كۆرگەندە، ئۇ قوپۇپ
بېرىپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن تاشنى يۇمىلىتىۋېتىپ، ئانىسىنىڭ
ئاكىسى لاباننىڭ قويلىرىنى سۇغاردى. 11-12 ئاندىن ياقۇپ راھىلەنى
سۆيۈپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يىغلاپ تاشلىدى ۋە راھىلەگە: ــ مەن
سېنىڭ ئاتاڭنىڭ تۇغقىنى، رىۋكاھنىڭ ئوغلى بولىمەن، دېۋىدى، ئۇ
يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتىسىغا خەۋەر بەردى.
13 شۇنداق بولدىكى، لابان ئۆز سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ياقۇپنىڭ خەۋىرىنى
ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ،**

---

8:29 **«پادىچىلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلار». شۇ پادىچىلار بىر تۈركۈم ھوقۇقلۇق پادىچىلار بولسا كېرەك. ياكى بولمىسا ئۇلار ئېيتقان ئىشلار شۇ يەردە بىر ئۆرپ-ئادەت بولۇپ قالغان بولسا كېرەك.

ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئاندىن ياقۇپ لابانغا كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى.
14 لابان ئۇنىڭغا: ــ سەن دەرۋەقە مېنىڭ سۆڭەك بىلەن گۆشۈمدۇرسەن! ــ دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭ قېشىدا بىر ئايچە تۇرۇپ قالدى.

## ياقۇپنىڭ ئالدىنىپ قېلىشى

15 ئاندىن لابان ياقۇپقا: ــ سەن مېنىڭ تۇغقىنىم بولغاچ، ماڭا بىكارغا خىزمەت قىلامسەن؟ ئېيتقىنا، ھەققىڭگە نېمە ئالىسەن؟ ــ دېدى.
16 لابانىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى؛ چوڭىنىڭ ئېتى لېياھ، كىچىكىنىڭ ئېتى راھىلە ئىدى. 17 لېياھنىڭ كۆزلىرى يېقىملىق ئىدى؛ ئەمما راھىلەنىڭ بولسا تەقى-تۇرقى كېلىشكەن، ھۆسنى-جامالى چىرايلىق قىز ئىدى. 18 ياقۇپنىڭ كۆڭلى راھىلەگە چۈشكەن بولۇپ لابانغا: ــ مەن سېنىڭ كىچىك قىزىڭ راھىلە ئۈچۈن ساڭا يەتتە يىل خىزمەت قىلاي، دېدى.
19 لابان جاۋاب بېرىپ: ــ ئۇنى باشقا كىشىگە بەرگىنىمدىن ساڭا بەرگىنىم ياخشى. ئەمدى مېنىڭكىدە تۇرغىن، دېدى.
20 ياقۇپ راھىلەنى ئېلىش ئۈچۈن يەتتە يىل خىزمەت قىلدى. ئەمما ئۇ ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، بۇ يىللار ئۇنىڭغا پەقەت بىرنەچچە كۈندەكلا بىلىندى. 21 ۋاقىت توشقاندا ياقۇپ لابانغا: ــ مانا مېنىڭ كۈنلىرىم توشتى. ئەمدى ئايالىمنى ماڭا بەرگىن، مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرەي، دېدى. 22 لابان شۇ يەردىكى ھەممە كىشىلەرنى يىغىپ، زىياپەت قىلىپ بەردى. 23 لېكىن شۇنداق بولدىكى، كەچ كىرگەندە، ئۇ چوڭ

13:29 **«كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى»** ــ ئىبرانيي تىلدا «بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى». دېمەك، تەرجىمىمىزدەك «يۇز بەرگەن ھەممە ئىشلارنى»، ياكى ئۇ باياتىن راھىلەگە ئېيتقان ئىشلارنى (تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى) كۆرسەتسە كېرەك.
17:29 **«لېياھنىڭ كۆزلىرى يېقىملىق»** ــ ئىبرانيي تىلدا «لېياھنىڭ كۆزلىرى مۆلايىم» (ياكى «يۇمشاق»). بۇنىڭ باشقا خىل تەرجىمىلىرى بولسا: (1) تىنىق؛ (2) ئاجىز (ياخشى كۆرمەيدىغان)؛ (3) نۇرسىز.
**18:29** ھوش. 13:12.

قىزى لېياھنى ياقۇپنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى؛ ياقۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ بىللە بولدى. [24] لابان ئۆز دېدەكى زىلپاھنى قىزى لېياھقا دېدەك قىلىپ بەردى.
[25] ئەتىسى شۇنداق بولدىكى، مانا ئالدىدا لېياھ تۇراتتى! ئۇ لابانغا: — بۇ زادى ماڭا نېمە قىلغىنىڭ؟ ئەجەبا، مەن راھىلە ئۈچۈن ساڭا خىزمەت قىلمىدىممۇ؟ مېنى نېمىشقا شۇنداق ئالدىدىڭ؟! — دېدى.
[26] لابان: بىزنىڭ يۇرتىمىزدا كىچىكىنى چوڭىدىن ئىلگىرى ياتلىق قىلىدىغان رەسىم-قائىدە يوق. [27] ئەمدى سەن چوڭىنىڭ يەتتە كۈنلۈك توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ بولغىن؛ ئاندىن يەنە ئىككىنچىسىنىمۇ ساڭا بېرەيلى؛ ئۇ سىنىڭ ماڭا يەنە يەتتە يىل قىلىدىغان خىزمىتىڭنىڭ ھەققى بولىدۇ، — دېدى.
[28] ياقۇپ ماقۇل بولۇپ، لېياھنىڭ يەتتە كۈنلۈك توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندا، لابان قىزى راھىلەنىمۇ ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەردى. [29] لابان دېدەكى بىلھاھنى قىزى راھىلەگە دېدەك قىلىپ بەردى. [30] بۇ تەرىقىدە ياقۇپ راھىلەنىڭمۇ قېشىغا كىردى؛ ئۇ راھىلەنى لېياھدىن زىيادە ياخشى كۆردى. ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە يەتتە يىل لابانغا خىزمەت قىلدى.

## ياقۇپنىڭ پەرزەنتلىرى

[31] ئەمما پەرۋەردىگار لېياھنىڭ ئەتىۋارلانمىغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا تۇغۇشنى نېسىپ قىلدى. لېكىن راھىلە تۇغماس ئىدى. [32] لېياھ ھامىلىدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپ: — «پەرۋەردىگار خارلانغىنىمنى كۆردى؛ ئەمدى ئېرىم مېنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى «رۇبەن» قويدى.
[33] ئۇ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ: — «پەرۋەردىگار ئەتىۋارلانمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنى ھەم ماڭا بەردى» دەپ، ئۇنىڭ

31:29 **«ئۇنىڭغا تۇغۇشنى نېسىپ قىلدى»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ئۇنىڭ بالىياتقۇسىنى ئاچتى»
32:29 **«رۇبەن»** — «قارا، بىر ئوغۇل بالا!» دېگەن مەنىدە.

ئىسمىنى شىمېئون قويدى.
[34] ئۇ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ: ــ «ئەمدى بۇ قېتىم
ئېرىم ماڭا باغلىنىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ
بەردىم» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى لاۋىي قويدى.
[35] ئۇ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ: ــ «ئەمدى بۇ قېتىم
مەن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇيۇ!» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى يەھۇدا
قويدى. ئاندىن ئۇ تۇغۇتتىن توختاپ قالدى.

30 [1] ئەمما راھىلە ئۆزىنىڭ ياقۇپقا بالا تۇغۇپ بېرەلمىگىنىنى
كۆرگەندە، ئاچىسىغا ھەسەت قىلىپ ياقۇپقا: ــ ماڭا بالا
بەرگىن؛ بولمىسا ئۆلىمەن، ــ دېدى.
[2] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپنىڭ راھىلەگە غەزىپى كېلىپ: ــ مەن بالىياتقۇنىڭ
مېۋىسىنى سەندىن ئايىغان خۇدانىڭ ئورنىدىمۇ؟! ــ دېدى.
[3] ــ مانا، دېدەكىم بىلھاھ بۇ يەردە تۇرىدۇ؛ سەن ئۇنىڭ قېشىغا
كىرگىن، ئۇ مېنىڭ قۇچىقىمغا تۇغسۇن؛ مەن ئۇ ئارقىلىق باللىق
بولاي، ــ دېدى راھىلە.
[4] شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېدەكى بىلھاھنى ئۇنىڭغا خوتۇن قىلىپ بەردى؛
ياقۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كىردى. [5] بىلھاھ ھامىلىدار بولۇپ، ياقۇپقا بىر
ئوغۇل تۇغۇپ بەردى.
[6] راھىلە: ــ «خۇدا مەن ئۈچۈن ئادالەت يۈرگۈزۈپ پەريادىمنى ئاڭلاپ،
ماڭا بىر ئوغۇل بەردى»، دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى دان قويدى.
[7] راھىلەنىڭ دېدەكى بىلھاھ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، ياقۇپقا
ئىككىنچى ئوغلىنى تۇغۇپ بەردى. [8] راھىلە: ــ «مەن ئاچام بىلەن

33:29 **«شىمېئون»** ــ «ئاڭلاش» ياكى «ئاڭلىغان» دېگەن مەنىدە.
34:29 **«لاۋىي»** ــ «باغلانغان» ياكى «ئۇلانغان» دېگەن مەنىدە.
3:30 **«ئۇ مېنىڭ قۇچىقىمغا تۇغسۇن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ مېنىڭ تىزلىرىم ئۈستىگە تۇغسۇن» ــ دېمەك، دېدەك تۇغقان باللار راھىلەنىڭ ھېسابلىنىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «مەن ئۇ ئارقىلىق قۇرۇلىمەن» ياكى «ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن مېنىڭ ئۆيۈم قۇرۇلىدۇ».
6:30 **«دان»** ــ «ئۇ ھۆكۈم چىقاردى» ياكى «ئۇ ئادىللىق قىلدى!» دېگەن مەنىدە.

بەسلىشىپ قاتتىق تۇتۇشۇپ، يەڭدىم» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى نافتالى قويدى.

[9] لېياھ ئۆزىنىڭ تۇغۇتتىن توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دېدەكى زىلپاھنى ياقۇپقا خوتۇن قىلىپ بەردى. [10] لېياھنىڭ دېدەكى زىلپاھ ياقۇپقا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. [11] لېياھ: ــ «نېمىدېگەن تەلەيلىك-ھە!» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى گاد قويدى.

[12] لېياھنىڭ دېدەكى زىلپاھ ياقۇپقا ئىككىنچى ئوغلىنى تۇغۇپ بەردى. [13] لېياھ: «مەن بەختلىكتۇرمەن! چۈنكى خوتۇن-قىزلار مېنى بەختلىك دېيىشىدۇ!» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاشىر قويدى.

[14] بۇغداي ئورمىسى كۈنلىرىدە رۇبەن چىقىپ ئېتىزلىقتا ۋە ئېتىزدىن بىرقانچە مۇھەببەتگۈلىنى تېرىپ، بۇلارنى ئانىسى لېياھنىڭ قېشىغا ئەكەلدى. ئەمدى راھىلە لېياھقا: ــ ئۆتۈنۈپ قالاي، ئوغلۇڭنىڭ مۇھەببەتگۈلىدىن بىرنەچچىنى ماڭا بەرگىن! ــ دېدى.

[15] لېياھ ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ ئېرىمنى تارتىۋالغىنىڭ يەتمەمدۇ؟ ئەمدى ئوغلۇمنىڭ مۇھەببەتگۈلىنىمۇ تارتىۋالماقچىمۇسەن؟ ــ دېدى. راھىلە جاۋاب بېرىپ: ــ ئۇنداق بولسا ئۇ ئوغلۇڭنىڭ مۇھەببەتگۈللىرى ئۈچۈن بۈگۈن كېچە سەن بىلەن ياتسۇن، ــ دېدى.

[16] ياقۇپ كەچقۇرۇن ئېتىزدىن قايتىپ كەلگىنىدە، لېياھ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: ــ مېنىڭ قېشىمغا كىرىشىڭ كېرەك؛ چۈنكى مەن ئوغلۇمنىڭ مۇھەببەتگۈللىرى بىلەن سېنى ئىجارىگە ئالدىم، ــ دېدى. شۇنداق دېيىلدى، ئۇ بۇ كېچە ئۇنىڭ بىلەن ياتتى. [17] خۇدا لېياھنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىدى؛ ئۇ ھامىلدار بولۇپ، ياقۇپقا بەشىنچى ئوغلىنى تۇغۇپ

8:30 **«مەن ئاچام بىلەن بەسلىشىپ قاتتىق تۇتۇشۇپ، ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خۇدانىڭ مەدىتى بىلەن ئاچام بىلەن چېلىشىپ،...». **«نافتالى»** ــ «ئېلىشىش» ياكى «چېلىشىش» دېگەن مەنىدە.

11:30 **«گاد»** ــ «تەلەيلىك» ياكى «ئوڭۇشلۇق» دېگەن مەنىدە.

13:30 **«ئاشىر»** ــ «بەختلىك» دېگەن مەنىدە.

14:30 **«مۇھەببەتگۈل»** ــ (ياكى «ماندراك») ــ بۇ ئۆسۈملۈك مۇھەببەتنى قوزغاپ، ھامىلدار بولۇش ئىمكانىيىتىنى ئاشۇرىدۇ، دەپ قارىلاتتى.

بەردى. [18] شۇنىڭ بىلەن لېياھ: «دېدەكىمنى ئېرىمگە بەرگىنىمگە خۇدا ئەمدى ماڭا «ئىجارە ھەققىم»نى ئاتا قىلدى» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسساكار قويدى.
[19] لېياھ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، ياقۇپقا ئالتىنچى ئوغلىنى تۇغۇپ بەردى. [20] لېياھ: ــ «خۇدا ماڭا ياخشى تويلۇق ئاتا قىلدى؛ ئەمدى ئېرىم مېنىڭ بىلەن بىللە تۇرىدىغان بولدى؛ چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئالتە ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى زەبۇلۇن قويدى.
[21] شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بىر قىز تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى دىناھ قويدى.
[22] ئەمما خۇدا راھىلەنى ياد قىلىپ، دۇئاسىنى ئاڭلاپ ئۇنى تۇغىدىغان قىلدى. [23] ئۇ ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇ: ــ «خۇدا مېنى نومۇستىن خالاس قىلدى»، دېدى.
[24] ئۇ: ــ «پەرۋەردىگار ماڭا يەنە بىر بالا بەرسە» دەپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى يۈسۈپ قويدى.

## ياقۇپنىڭ بېيىشى

[25] راھىلە يۈسۈپنى تۇغقاندىن كېيىن ياقۇپ لابانغا: ــ مېنى ئۆز يۇرتۇمغا، ئۆز ۋەتىنىمگە كەتكىلى قويغىن. [26] مېنىڭ ساڭا ئىشلەپ ئېرىشكەن ئىش ھەققىم بولغان ئاياللىرىم بىلەن باللىرىمنى ماڭا بەرگىن؛ مەن كېتەي؛ چۈنكى مېنىڭ ساڭا ئىشلىگەن جاپالىق خىزمىتىم ئۆزۈڭگە ئايان، ــ دېدى.
[27] لابان ئۇنىڭغا جاۋابەن: نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام، ئۆتۈنۈپ قالاي، يېنىمدىن كەتمە. چۈنكى مەن پەرۋەردىگارنىڭ سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ماڭا بەرىكەت بەرگىنىنى تونۇپ يەتتىم، دېۋىدى، ياقۇپ

18:30 **«ئىسساكار»** ــ «ئىجارە» ياكى «ئىنئام» دېگەن مەنىدە.
20:30 **«ئېرىم مېنىڭ بىلەن بىللە تۇرىدىغان بولدى»** ــ ياكى «ئېرىم مېنى ھۆرمەتلەيدىغان بولدى». **«زەبۇلۇن»** ــ «ماكان قىلىش» ياكى «ھۆرمەتلەش» دېگەن مەنىدە.
21:30 **«دىناھ»** ــ «(ئادىل) ھۆكۈم» دېگەن مەنىدە.
22:30 **«ئۇنى تۇغىدىغان قىلدى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «بالىياتقۇسىنى ئېچىۋىدى».
24:30 **«يۈسۈپ»** ــ «ئۇ يەنە بېرىدۇ» ياكى «ئۇ قوشۇپ بېرىدۇ» دېگەن مەنىدە.

يەنە: ــ 28 ماڭا ئالدىغان ھەققىڭنى توختاتقىن؛ مەن ساڭا شۇنى بېرەي، دېدى.

29 ياقۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن ساڭا قانداق خىزمەت قىلىپ كەلگىنىم، مېنىڭ قولۇمدا ماللىرىڭنىڭ قانداق بولغىنى ئۆزۈڭگە ئايان. 30 چۈنكى مەن كەلمەستە مېلىڭ ئاز ئىدى؛ ئەمدى ناھايىتى زور بىر توپ بولدى. مېنىڭ قەدىمىم قەيەرگە يەتسە، پەرۋەردىگار ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلدى. ئەمدى مەن قاچان ئۆز ئائىلەم ئۈچۈن ئىگىلىك تىكلەيمەن؟ ــ دېدى.

31 شۇنىڭ بىلەن لابان: ــ مەن ساڭا نېمە بېرەي، دېۋىدى، ياقۇپ: ــ سەن ماڭا ھېچنېمە بەرمىگىن؛ پەقەت مېنىڭ شۇ ئىشىمغا قوشۇلساڭلا، مەن يەنە پاداڭنى بېقىپ، ئۇلاردىن خەۋەر ئالىمەن. 32 مەن بۈگۈن پۈتكۈل پاداڭنى ئارىلاپ، ئالا-چىپار قويلارنى، قارا-قوڭۇر پاخلانلارنى، شۇنداقلا ئۆچكىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ ئالا-چىپارلىرىنى ئايرىپ چىقىمەن. بۇلار مېنىڭ ئىش ھەققىم بولسۇن. 33 كېيىن، مېنىڭ ھەققىمنى تەكشۈرۈپ كەلگەن ۋاقتىڭدا، ھەققانىي بولغىنىم كۆز ئالدىڭدا ئىسپاتلىنىدۇ؛ ئۆچكىلەر ئارىسىدا ئالا-چىپار بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسى، پاخلانلار ئارىسىدا قارا-قوڭۇر بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئوغرىلاپ كېلىنگەن ھېسابلانسۇن، ــ دېدى.

34 ئۇ ۋاقىتتا لابان: ــ ماقۇل، دېگىنىڭدەك بولسۇن، ــ دېدى.

35 شۇ كۈنى لابان تاغىل ۋە ئالا-چىپار تېكىلەرنى، ئالا-چىپار چىشى ئۆچكىلەرنى، شۇنداقلا ئاز-پاز ئاق چېكىمى بولغان بارلىق ئۆچكىلەرنى، بارلىق قارا-قوڭۇر قوزىلارنى ئايرىپ، ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، 36 ئۆزى بىلەن ياقۇپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ كۈنلۈك ئارىلىقنى قويدى. ياقۇپ بولسا لابانىنىڭ

---

32:30 **«قارا-قوڭۇر پاخلانلار»** ــ پەلەستىندە قوڭۇر ياكى قارا رەڭلىق قويلار ئاز ئۇچرايدۇ. **«ئۆچكىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ ئالا-چىپارلىرى»** ــ پەلەستىندە ئۆچكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈنلەي قارا ياكى پۈتۈنلەي قوڭۇردۇر. **«بۇلار»** ــ ياكى «بۇلاردىن تۇغۇلغانلار».

پادىلىرىنىڭ قالغىنىنى باقتى.
37 لېكىن ياقۇپ تېرەك، بادام ۋە چىنار دەرەخلىرىدىن يۇمران چىۋىقلارنى
ئېلىپ، قوۋزىقىنى يوللۇق قىلىپ شىلىپ، ئاق سىزىقلارنى چىقاردى.
38-39 ئاندىن مال كۆيلىگەن ۋاقىتلىرىدا سۇ ئىچكىلى كەلگەندە، ئۇ
مۇشۇ شىلغان چىۋىقلارنى پادىلار سۇ ئىچىدىغان يەرلەردىكى ئۇلاقلارغا
مالنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قوياتتى. مال بۇ تاغىل چىۋىقلارنىڭ ئالدىدا
جۈپلەشكەندىن كېيىن ئۇلار تاغىل ۋە ئالا-چىپار قوزىلارنى تۇغدى.
40 ئاندىن ياقۇپ بۇ قوزىلارنى لاباننىڭ پادىسىدىن ئايرىپ چىقاردى؛
ئاندىن ئۇ لاباننىڭ پادىسىنىڭ يۈزلىرىنى تاغىل ۋە قوڭۇر قويلىرىغا
قارىتىپ جۈپلەشتۈردى؛ شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆز مېلىنى لاباننىڭ
مېلىغا قوشماي بۆلەك قويۇپ، ئۆزى ئۈچۈن ئايرىم پادىلارنى قىلدى.
41 ساغلام كۈچلۈك مال جۈپلەشكىنىدە، ياقۇپ چىۋىقلارنى پادىنىڭ كۆز
ئالدىغا ئۇلاقلاردا قوياتتى؛ ماللار شۇ چىۋىقلارنىڭ يېنىدا جۈپلىشەتتى.
42 لېكىن جۈپلىشىۋاتقان مال ئاجىز بولسا، ئۇ چىۋىقلارنى قويمايتتى.
بۇ تەرىقىدە ئاجىزلىرى لابانغا، كۈچلۈكلىرى ياقۇپقا تەۋە بولدى.
43 شۇنداق قىلىپ، بۇ كىشى ناھايىتى باي بولۇپ، ماللىرى، دېدەكلىرى،
قۇللىرى، تۆگىلىرى ۋە ئېشەكلىرى خېلى كۆپ بولدى.

## ياقۇپنىڭ لاباننىڭ يېنىدىن قېچىشى

36:30 **«ئۆزى»** — ياكى «ئۇلار». **«ئۈچ كۈنلۈك ئارىلىقنى قويدى»** — دېمەك، لابان دەرھال پادىسىدىن ياقۇپنىڭ ھەققى بولغان مالنى، شۇنداقلا كەلگۈسىدە شۇنداق نەسلىنى چىقىرالايدىغانلارنى ئايرىپ، ياقۇپتىن يىراق قىلدى.

40:30 **«لاباننىڭ پادىسىنىڭ يۈزلىرىنى تاغىل ۋە قوڭۇر قويلىرى»** — لابان بۇنداق تاغىل ۋە قوڭۇر قويلارنى ئاللىقاچان ئايرىغان بولسىمۇ، بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا ئۇ يەنىلا بۇنداقلاردىن بەزىلىرىنى ياقۇپقا تاپشۇرغان ئوخشايدۇ. ئەگەر لاباننىڭ ئوغۇللىرى پادىلارنى بېقىشقا ئىشەنچلىك بولمىسا، لابان شۇ «تاغىل ۋە قوڭۇر قويلار»دىن چوڭ قويلارنى ياقۇپقا قايتىدىن تاپشۇرۇشى مۇمكىن. باشقا بىر ئىمكانىيەت باركى، ياقۇپنىڭ بەزى تاغىل ياكى قوڭۇر قوزىلىرى چوڭ بولغاندا ئۇ ئۇلارنى لاباننىڭ ئاق رەڭلىك قويلىرى ئارىسىغا قوشقان.

—ياقۇپنىڭ لابان بىلەن بولغان ۋاقتىدىكى تارىخ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

## 31

1 ئەمما ياقۇپ لابانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ: ــ ياقۇپ ئاتىمىزنىڭ
پۈتۈن مال-مۈلكىنى ئېلىپ كەتتى؛ ئۇنىڭ ئېرىشكەن بۇ دۆلىتى
ئاتىمىزنىڭ تەئەللۇقاتىدىن كەلگەن، دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى. 2 ياقۇپ
لابانىڭ چىرايىغا قارىۋىدى، مانا، ئۇ ئۆزىگە بۇرۇنقىدەك خۇش پېئىل
بولمىدى. 3 بۇ چاغدا، پەرۋەردىگار ياقۇپقا: ــ سەن ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ
زېمىنىغا، ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىڭ قېشىغا قايتىپ كەتكىن. مەن
سېنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن، ــ دېدى.
4 شۇنىڭ ئۈچۈن ياقۇپ ئادەم ئەۋەتىپ، راھىلە ۋە لېياھنى ئۆز پادىسى
تۇرغان كۆكلەمگە چاقىرىپ كېلىپ 5 ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ مەن
ئاتاڭلارنىڭ چىرايىغا قارىسام ماڭا بۇرۇنقىدەك خۇش پېئىل بولمىدى؛
ئەمما ئاتامنىڭ خۇداسى مەن بىلەن بىللە بولۇپ كەلدى. 6 كۈچۈمنىڭ
يېتىشىچە ئاتاڭلارغا ئىشلەپ بەرگىنىمنى سىلەرگە ئايان؛ 7 ھالبۇكى،
ئاتاڭلار مېنى ئەخمەق قىلىپ، ھەققىمنى ئون قېتىم ئۆزگەرتتى؛
لېكىن خۇدا ئۇنىڭ ماڭا زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويمىدى. 8 ئەگەر ئۇ:
«ئالا-چىپار قوزىلار ھەققىڭ بولىدۇ»، دېسە، بارلىق پادىلار ئالا-چىپار
قوزىلىغىلى تۇردى. ئۇ: «تاغىل قوزىلار ھەققىڭ بولسۇن»، دېسە،
بارلىق پادىلار تاغىل قوزىلىغىلى تۇردى. 9 بۇ تەرىقىدە خۇدا ئاتاڭلارنىڭ
ماللىرىنى تارتىۋېلىپ، ماڭا بەردى. 10 پادىلار كۈيلىگەن ۋاقىتتا مەن بىر
قېتىم چۈشۈمدە بېشىمنى كۆتۈرۈپ شۇنى كۆردۈمكى، مانا، ماللارنىڭ
ئۈستىگە چۈپلىشىشكە ئېتىلغان قوچقار-تېكىلەرنىڭ ھەممىسى
تاغىل ياكى ئالا-چىپار ئىدى. 11 ئاندىن خۇدانىڭ پەرىشتىسى چۈشۈمدە
ماڭا: «ئەي ياقۇپ»، دېۋىدى، مەن جاۋاب بېرىپ: «مانا مەن»، دېدىم.
12 ئۇ ماڭا: ــ «ئەمدى بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قارىغىن؛ مانا ماللارنىڭ
ئۈستىگە چۈپلىشىشكە ئېتىلغان قوچقار-تېكىلەرنىڭ ھەممىسى
تاغىل ۋە ئالا-چىپاردۇر؛ چۈنكى مەن لابانىڭ ساڭا قىلغىنىنىڭ
ھەممىسىنى كۆردۈم. 13 مەن بەيت-ئەلدە ساڭا كۆرۈنگەن تەڭرىدۇرمەن.
سەن شۇ يەردە تۈۋرۈكنى مەسىھلەپ، ماڭا قەسەم ئىچتىڭ. ئەمدى

1:31 **«بۇ دۆلىتى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بۇ شان-شەرەپنى».

سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، بۇ زېمىندىن چىقىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىڭ زېمىنىغا يانغىن» دېدى.
[14] راھىلە ۋە لېياھ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئاتىمىزنىڭ ئۆيىدە بىزگە تېگىشلىك نېسىۋە ياكى مىراس قالمىغانمۇ؟ [15] بىز دەرۋەقە ئۇنىڭغا يات ئادەم ھېسابلىنىپ قالغانمۇ؟! ئۇ بىزنى سېتىۋەتتى، تويلۇقىمىزنىمۇ پۇتۇنلەي يەپ كەتتى! [16] شۇنداق بولغاندىن كېيىن، خۇدا ئاتىمىزدىن ساڭا ئېلىپ بەرگەن بارلىق دۆلەت بىز بىلەن بالىلىرىمىزنىڭكىدۇر. ئەمدى خۇدا ساڭا نېمە دېگەن بولسا، شۇنى قىلغىن، ــ دېدى.
[17-18] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىلىرى ۋە ئاياللىرىنى تۆگىلەرگە مىندۈرۈپ، ئېرىشكەن بارلىق ماللىرى ۋە بارلىق تەئەللۇقاتىنى، يەنى پادان-ئارامدا تاپقان تەئەللۇقاتلىرىنى ئېلىپ، ئاتىسى ئىسھاقنىڭ يېنىغا بېرىشقا قانائان زېمىنىغا قاراپ يول ئالدى.
[19] لابان بولسا قويلىرىنى قىرقىغىلى كەتكەنىدى؛ راھىلە ئۆز ئاتىسىغا تەۋە «ئۆي بۇتلىرى»نى ئوغرىلاپ ئېلىۋالدى. [20] ياقۇپ ئارامىي لابانغا ئۆز قېچىشىدىن ئوغرىلىقچە قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرماي ئۇنى ئالداپ قويغانىدى. [21] ئۇ بار-يوقىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى؛ ئۇ دەريادىن

---

13:31 **«مەسىھلەش» ۋە «مەسىھ»** ــ بۇ ئىشلار توغرىسىدا «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. بۇ يەردە مۇقەددەس كىتابتا «مەسىھلەش» ياكى «مەسىھ قىلىش» دېگەن پېئىلنىڭ تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلىشىدۇر.

13:31 يار. 13:28، 14، 15.

15:31 **«تويلۇقلىرىمىز»** ــ مۇشۇ يەردە ياقۇپنىڭ لېياھ ۋە راھىلەنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىگىنىنىڭ قىممىتىنى كۆرسەتسە كېرەك.

19:31 **«ئۆي بۇتلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «تەرافىم». بۇ بۇتلار قولدا كۆتۈرگۈدەك كىچىك بولۇپ، ئادەتتە كۆمۈشتىن ياسىلاتتى. قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى بەزى بۇتپەرەس جەمئىيەتلەردە «تەرافىم»غا ئىگە بولغان ئادەم ئۆينىڭ بارلىق تەئەللۇقاتىنىڭ ئىگىسى، خوجايىنى دەپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا بۇ كىچىك «تەرافىم» كۆمۈش بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قانۇنىي ئەھمىيىتى ئۈچۈن لابانغا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

20:31 **«ئۇنى ئالداپ قويغانىدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوغرىلىدى» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۆتۈپ گىلېئاد تېغى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

## لابانىڭ ياقۇپنى قوغلىشى

[22] ئۈچىنچى كۈنى، لابانغا ياقۇپنىڭ قاچقىنى توغرىسىدا خەۋەر يەتتى. [23] ئۇ ئۆز تۇغقانلىرىنى ئېلىپ، يەتتە كۈنلۈك يولغىچە كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، گىلېئاد تېغىدا ئۇنىڭغا يېتىشتى. [24] لېكىن كېچىسى خۇدا ئارامىي لابانىڭ چۈشىگە كىرىپ ئۇنىڭغا: «سەن ھېزى بول، ياقۇپقا يا ئاق يا كۆك دېمە!» دېدى. [25] لابان ياقۇپقا يېتىشىپ بارغاندا، ياقۇپ چېدىرىنى تاغنىڭ ئۈستىگە تىككەنىدى. لابانمۇ تۇغقانلىرى بىلەن گىلېئاد تېغىنىڭ ئۈستىدە چېدىر تىكتى. [26] لابان ياقۇپقا: — بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ سەن مېنى ئالداپ، قىزلىرىمنى ئۇرۇشتا ئالغان ئولجىدەك ئېلىپ كەتتىڭ؟ [27] نېمىشقا يوشۇرۇن قاچىسەن، ماڭا خەۋەر بەرمەي مەندىن ئوغرىلىقچە كەتتىڭ؟ ماڭا دېگەن بولساڭ مەن خۇشال-خۇراملىق بىلەن غەزەل ئوقۇپ، داپ ۋە چاڭ چېلىپ، سېنى ئۇزىتىپ قويمامتىم؟ [28] شۇنداق قىلىپ سەن ماڭا ئۆز ئوغۇللىرىم ۋە قىزلىرىمنى سۆيۈپ ئۇزىتىپ قويۇش پۇرسىتىنىمۇ بەرمىدىڭ. بۇ ئىشتا ئەخمەقلىق قىلدىڭ. [29] سىلەرگە زىيان-

---

21:31 **«دەريا»** — مۇشۇ يەردە «ئەفرات دەرياسى»نى كۆرسىتىدۇ.

24:31 **«ياقۇپقا يا ئاق يا كۆك دېمە!»** — ئىبرانىي تىلىدا «ياقۇپقا يا ياخشى يا يامان گەپنى قىلما!». بۇ سۆزلەر بەلكىم: «ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلىمە ياكى ئۇنى قارغىما» دېگەنلىك بولسا كېرەك. خۇدا نېمىشقا «ياقۇپقا ياخشى گەپ قىلما» دېگەن؟ بىزنىڭچە خۇدا لابانىڭ ئالدامچى ماھىيىتىنى ئوبدان بىلەتتى؛ ئۇ ياقۇپقا بەرىكەت تىلىسە ئالدامچى نىيىتى بىلەن تىلەيدىغىنىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ «يامان گەپ قىلىش»نىغا، يەنى ئۇنى قارغاشقا يول قويمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا «ياقۇپقا يا ياخشى يا يامان گەپنى قىلما!» دېگىنى بەلكىم «پەقەت ھەققەتتىن سۆزلە!» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. بىراق لابانىڭ ياقۇپ بىلەن بولغان سۆھبىتىگە قارىساق ئۇ يەنىلا يالغانچىلىقتىن يىراق كەتمەيدۇ!

28:31 **«ئۆز ئوغۇللىرىم»** — لابانىڭ «ئوغۇللىرىم» دېگىنى ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى ئايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ياقۇپتىن تۇغۇلغان نەۋرە ئوغۇللىرى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇلارنى «مېنىڭ ئوغۇللىرىم» دەپ ھېسابلايتتى.

زەخمەت يەتكۈزۈش قولۇمدىن كېلەتتى؛ لېكىن تۈنۈگۈن كېچە ئاتاڭنىڭ خۇداسى ماڭا سۆز قىلىپ: «ھېزى بول، ياقۇپقا يا ئاق يا كۆك دېمە» دېدى. [30] خوش، سەن ئاتاڭنىڭ ئۆيىنى تولىمۇ سېغىنغىنىڭ ئۈچۈن كەتمەي قويمايسەن؛ لېكىن نېمىشقا يەنە مېنىڭ بۇتلىرىمنى ئوغرىلىدىڭ؟ ــ دېدى.
[31] ياقۇپ لابانغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن قورقۇپ قاچتىم؛ چۈنكى سېنى قىزلىرىنى مەندىن مەجبۇرىي تارتىۋالامدىكىن، دېدىم. [32] ئەمدى بۇتلىرىڭغا كەلسەك، ئۇلار كىمدىن چىقسا شۇ تىرىك قالمايدۇ! قېرىنداشلىرىمىز ئالدىدا مەندىن قانداقلا نېمەڭنى تونۇۋالساڭ، ئۇنى ئېلىپ كەت، ــ دېدى. ھالبۇكى، ياقۇپنىڭ راھىلەنىڭ بۇتلارنى ئوغرىلاپ كەلگىنىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.
[33] لابان ئالدى بىلەن ياقۇپنىڭ چېدىرىغا كىرىپ، ئاندىن لېياھنىڭ چېدىرى ھەم ئىككى دېدەكنىڭ چېدىرلىرىغا كىرىپ ئاختۇرۇپ ھېچنېمە تاپالمىدى. لېياھنىڭ چېدىرىدىن چىقىپ، راھىلەنىڭ چېدىرىغا كىردى. [34] راھىلە بولسا ئۆي بۇتلىرىنى ئېلىپ، بۇلارنى تۆگىنىڭ چومىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپ، ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالغانىدى. لابان پۈتكۈل چېدىرىنى ئاختۇرۇپ، ھېچنېمە تاپالمىدى.
[35] راھىلە ئاتىسىغا: ــ ئەي خوجام، ئالدىڭدا تۇرالمىغىنىم ئۈچۈن خاپا بولمىغىن؛ چۈنكى مەن ھازىر ئاياللارنىڭ ئادەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمەن، ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، لابان ھەممە يەرنى قويماي ئاختۇرۇپمۇ، ئۆي بۇتلىرىنى تاپالمىدى.
[36] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ ئاچچىقلاپ لابان بىلەن جېدەللىشىپ كەتتى. ياقۇپ لابانغا: ــ سەن مېنى كەينىمدىن مۇنچە ئالدىراپ-تېنەپ قوغلاپ كەلگۈدەك مەندە نېمە سەۋەنلىك، نېمە گۇناھ بار؟ [37] سەن ھەممە يۈك-تاقلىرىمنى ئاختۇرۇپ چىقتىڭ، ئۆيۈڭنىڭ نەرسىلىرىدىن بىرەر

35:31 **«مەن ھازىر ئايالارنىڭ ئادەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمەن»** ــ ئىبرانيي تىلدا: «ئايالارنىڭ ئادىتى ھازىر ماڭا چۈشتى».

نېمە تاپالىدىڭمۇ؟ بىرنېمە تاپقان بولساڭ، مېنىڭ قېرىنداشلىرىم بىلەن سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئۇنى قويغىن، ئۇلار بىز ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلسۇن. [38] مەن مۇشۇ يىگىرمە يىل قېشىڭدا تۇردۇم؛ ھېچقاچان ساغلىقلىرىڭ ۋە چىشى ئۆچكىلىرىڭ بالا تاشلىۋەتمىدى؛ پادىلىرىڭدىن قوچقارلىرىڭنى يېگىنىم يوق. [39] بوغۇۋېتىلگەنلىرىنى قېشىڭغا ئېلىپ كەلمەي، بۇ زىيانىنى ئۆزۈم تولدۇردۇم؛ كېچىسى ئوغرىلانغان ياكى كۈندۈزى ئوغرىلانغان بولسۇن سەن ئۇنى مەندىن تۆلىتىپ ئالدىڭ. [40] مېنىڭ كۈنلىرىم شۇنداق ئۆتتىكى، كۈندۈزى ئىسسىقتىن، كېچىسى سوغۇقتىن قىيىنىلىپ، ئۇيقۇ كۆزۈمدىن قاچاتتى. [41] مېنىڭ كۈنلىرىم مۇشۇ يىگىرمە يىلدا ئۆيۈڭدە تۇرۇپ شۇنداق بولدى؛ ئون تۆت يىل ئىككى قىزىڭ ئۈچۈن ساڭا خىزمەت قىلدىم، ئالتە يىل پادالىرىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئىش ھەققىمنى ئون قېتىم ئۆزگەرتتىڭ. [42] ئەگەر ئاتامنىڭ خۇداسى، يەنى ئىبراھىمنىڭ خۇداسى، يەنى ئىسھاقنىڭ قورقۇنچىسى بولغاننىڭ ئۆزى مەن بىلەن بىللە بولمىسا ئىدى، سەن جەزمەن مېنى قۇرۇق قول قىلىپ قايتۇرۇۋېتەتتىڭ. لېكىن خۇدا مېنىڭ تارتقان جەبىر-جاپالىرىمنى، قوللىرىمنىڭ مۇشەققىتىنى كۆرۈپ تۈنۈگۈن كېچە ساڭا تەنبىھ بەردى، ــ دېدى.

## ياقۇپنىڭ لابان بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى

[43] لابان ياقۇپقا جاۋاب بېرىپ: ــ بۇ قىزلار مېنىڭ قىزلىرىم، بۇ ئوغۇللار مېنىڭ ئوغۇللىرىم، بۇ پادا بولسا مېنىڭ پادام بولىدۇ؛ شۇنداقلا كۆز ئالدىڭدىكى ھەممە نەرسە مېنىڭكىدۇر؛ ئەمما مەن بۈگۈن بۇ قىزلىرىمنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقان ئوغۇللىرىنى نېمە قىلاي؟ [44] قېنى كەل،

---

43:31 **«مېنىڭ ئوغۇللىرىم»** ــ 28-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«كۆز ئالدىڭدىكى ھەممە نەرسە مېنىڭكىدۇر»** ــ مۇشۇ سۆزلەر پۈتۈنلەي خاتا، ئەلۋەتتە. ياقۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز قولىنىڭ ئەجرى بىلەن ئېرىشكەنىدى.

سەن بىلەن ئىككىمىز بىر ئەھدە تۈزۈشەيلى، بۇ مەن بىلەن سېنىڭ
ئوتتۇرىمىزدا گۇۋاھ بولسۇن، ــ دېدى.
[45] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بىر تاشنى ئېلىپ ئۆرە تىكلەپ تۈۋرۈك قىلىپ
قويدى. [46] ئاندىن ياقۇپ قېرىنداشلىرىغا: ــ تاش يىغىڭلار، ــ دېۋىدى،
تاشلارنى ئېلىپ كېلىپ دۆۋىلىدى، شۇ يەردە تاش دۆۋىسىنىڭ يېنىدا
غىزالىنىشتى. [47] لابان بۇ دۆۋىنى «يەگار-ساھادۇتا» دەپ ئاتىدى، ياقۇپ
ئۇنىڭغا «گالېئەد» دەپ ئات قويدى. [48] لابان: ــ بۇ دۆۋە بۈگۈن سەن بىلەن
مېنىڭ ئوتتۇرامدا گۇۋاھ بولسۇن، ــ دېدى. شۇڭا بۇ سەۋەبتىن دۆۋىنىڭ
نامى «گالېئەد» ئاتالدى. [49] ئۇ جاي يەنە «مىزپاھ»، دەپمۇ ئاتالدى؛
چۈنكى لابان يەنە: ــ ئىككىمىز بىر-بىرىمىز بىلەن كۆرۈشمىگەن
ۋاقىتلاردا، پەرۋەردىگار سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا قاراۋۇل بولۇپ
كۆزىتىپ تۇرسۇن. [50] ئەگەر سەن قىزلىرىمنى بوزەك قىلساڭ، ياكى
قىزلىرىمنىڭ ئۈستىگە باشقا خوتۇنلارنى ئالساڭ، باشقا ھېچ كىشى
قېشىمىزدا ھازىر بولمىغان تەقدىردىمۇ، مانا، خۇدا مەن بىلەن سېنىڭ
ئاراڭدا گۇۋاھچىدۇر!
[51] لابان ياقۇپقا يەنە: ــ مانا، بۇ دۆۋىگە قارا، مەن بىلەن سەن
ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەن تىكلەپ قويغان بۇ تۈۋرۈككىمۇ
قارا؛ [52] كەلگۈسىدە بۇ دۆۋە ۋە بۇ تۈۋرۈكمۇ مەن يامان نىيەت بىلەن
بۇ دۆۋىدىن سېنىڭ تەرىپىڭگە ئۆتمەسلىكىم ئۈچۈن، سېنىڭمۇ
نىيىتىڭنى يامان قىلىپ بۇ دۆۋە ۋە بۇ تۈۋرۈكتىن ئۆتۈپ مېنىڭ
تەرىپىمگە كەلمەسلىكىڭ ئۈچۈن گۇۋاھچى بولسۇن. [53] ئىبراھىمنىڭ

---

47:31 **«يەگار-ساھادۇتا»** ــ ئارامىي تىلدا، «گالېئەد» ئىبرانىي تىلدا «گۇۋاھلىق دۆۋىسى» دېگەن مەنىدە.

49:31 **«مىزپاھ»** ــ «كۆزىتىش مۇنارى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، يەنە «ئۇ كۆزىتىپ تۇرسۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭىغا يېقىن.

52:31 **«سېنىڭمۇ نىيىتىڭنى يامان قىلىپ بۇ دۆۋە ۋە بۇ تۈۋرۈكتىن ئۆتۈپ مېنىڭ تەرىپىمگە كەلمەسلىكىڭ ئۈچۈن گۇۋاھچى بولسۇن»** ــ ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك «ئۆي بۇتلىرى»غا ئىگە بولۇش «ئۆيىنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولغانلىق» ھېسابلانسا، ئۇنداقتا لابانىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ مەقسىتى: ــ «ياقۇپ ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆي بۇتلىرىمنى ئېلىپ، مېنىڭ ئۆي-

ئىلاھى، ناھورنىڭ ئىلاھى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىلاھلىرى ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارسۇن، ــ دېدى. ياقۇپ بولسا ئاتىسى ئىسھاقنىڭ قورقۇنچىسى بولغۇچى بىلەن قەسەم قىلدى.
[54] ئاندىن ياقۇپ تاغ ئۈستىدە بىر قۇربانلىق سۇنۇپ، قېرىنداشلىرىنى ئۆزى بىلەن تاماقلىنىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ھەممىسى تاماق يەپ، كېچىسى تاغدا قونۇشتى. [55] ئەتىسى تاڭ سەھەردە لابان ئورنىدىن تۇرۇپ، نەۋرىلىرى بىلەن قىزلىرىنى سۆيۈپ، ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت تىلەپ، ئۆز ئۆيىگە راۋان بولدى.

## ياقۇپنىڭ ئەساۋ بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييارلىنىشى

32
[1] ياقۇپ ئۆز يولىغا كېتىپ باراتتى؛ يولدا خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا ئۇچرىدى. [2] ياقۇپ ئۇلارنى كۆرۈپ: ــ بۇ جاي خۇدانىڭ بارگاھى ئىكەن! ــ دەپ، بۇ جاينىڭ نامىنى «ماھانائىم» دەپ قويدى.
[3] ئاندىن ياقۇپ سېئىر زېمىنىدىكى «ئېدوم يايلىقى»غا، ئاكىسى ئەساۋنىڭ قېشىغا ئالدىن خەۋەرچىلەرنى ئەۋەتىپ، [4] ئۇلارغا جېكىلەپ: ــ سىلەر خوجامغا، يەنى ئەساۋغا: «كەمىنىلىرى ياقۇپ مۇنداق دېدى: ــ مەن لاباننىڭ قېشىدا مۇساپىر بولۇپ، تا مۇشۇ ۋاقىتقىچە تۇردۇم. [5] ئەمدى مەندە كالا، ئېشەك ۋە قويلار، قۇل-دېدەكلەرمۇ بار؛ مەن ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات

تەئەللۇقاتلىرىمنى تارتقۇزۇش نىيىتىدە مەن تەرەپكە ھەرگىز كەلمىسۇن» دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى.
**31:53 «ئىبراھىمنىڭ ئىلاھى، ناھورنىڭ ئىلاھى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىلاھلىرى»** ــ لابان، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى تەراھ ۋە ناھورلار ئاساسەن بۇتپەرەسلەر ئىدى («يە.» 24:2نى كۆرۈڭ). «چىقارسۇن» دېگەن پېئىل كۆپلۈك شەكلىدە.
**31:54 «تاماقلىنىشقا تەكلىپ قىلدى»** ــ بۇ تائام بەلكىم قۇربانلىقنىڭ گۆشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئۇ «ئىناقلىق قۇربانلىقى» سۈپىتىدە سۇنۇلغان بولسا كېرەك («لاۋ.» 3-بابنى كۆرۈڭ).
**32:1** يار. 48:16.
**32:2 «ماھانائىم»** ــ بۇنىڭ مەنىسى «ئىككى بارگاھ». بۇ «ئىككى بارگاھ» ياقۇپنىڭ بارگاھى ۋە خۇدانىڭ بارگاھىنى كۆرسىتىدۇ. ياقۇپنىڭ «بارگاھ» دېگىنىدىن قارىغاندا، شۇ جايدا كۆرگەن پەرىشتىلەر دەرۋەقە ئىنتايىن كۆپ بولسا كېرەك.

تاپارمەنمىكىن دەپ خوجامغا خەۋەر يەتكۈزۈشنى لايىق كۆردۈم»،
دەۋاتىدۇ.
[6]خەۋەرچىلەر ياقۇپنىڭ يېنىغا يېنىپ كېلىپ: ــ بىز ئاكىلىرى
ئەساۋنىڭ قېشىغا باردۇق؛ ئۇ تۆت يۈز كىشىنى ئېلىپ، سىلىنىڭ
ئالدىلىرىغا كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى.
[7]ياقۇپ ناھايىتى قورقۇپ، غەم-غۇسسىگە چۈشۈپ ئادەملىرىنى
قوي، كالا ۋە تۆگىلىرىگە قوشۇپ، ئىككى توپقا ئايرىدى. [8]ئۇ: ــ
«ئەگەر ئەساۋ كېلىپ بىر توپىمىزغا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر توپى
قېچىپ قۇتۇلۇپ قالار» ــ دەپ ئويلىدى.
[9]ئاندىن ياقۇپ مۇنداق دۇئا قىلدى: ــ ئى ئاتام ئىبراھىمنىڭ
خۇداسى ۋە ئاتام ئىسھاقنىڭ خۇداسى! ماڭا: «ئۆز زېمىنىڭ ۋە
ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىڭ قېشىغا يېنىپ كەتكىن، ساڭا ياخشىلىق
قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان پەرۋەردىگار! [10] ــ مەن سېنىڭ ئۆز
قۇلۇڭغا كۆرسەتكەن ئۆزگەرمەس بارلىق مېھرىبانلىقىڭ ۋە
بارلىق ۋاپادارلىقىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەسمەن؛ چۈنكى مەن بۇ
ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكىنىمدە يالغۇز بىر ھاسام بار ئىدى.
ئەمدى مەن ئىككى توپ ئادەم بولۇپ قايتىۋاتىمەن. [11]ئۆتۈنۈپ
قالاي، مېنى ئاكام ئەساۋنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغايسەن؛ چۈنكى
ئۇ كېلىپ مەن بىلەن خوتۇن-بالىلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋېتەمدىكىن،
دەپ قورقىمەن. [12]سەن: «مەن جەزمەن ساڭا زور ياخشىلىق قىلىپ،
سېنىڭ نەسلىڭنى دېڭىزدىكى قۇمدەك ھەددى-ھېسابسىز كۆپ
قىلىمەن»، دېگەنىدىڭ، ــ دېدى.
[13-15]ئۇ شۇ كېچىسى شۇ يەردە قونۇپ قالدى؛ ئاندىن ئۇ قول
ئىلكىدىكى ماللاردىن ئېلىپ، ئاكىسى ئەساۋغا ئىككى يۈز
ئۆچكە، يىگىرمە تېكە، ئىككى يۈز ساغلىق، يىگىرمە قوچقار،

---

**9:32** يار. 13:31.

**10:32 «ھېچنېمە ئەمەسمەن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئىنتايىن كىچىكمەن».

**12:32** يار. 13:28.

ئوتتۇز چىشى تۆگىنى تايلاقلىرى بىلەن، قىرىق ئىنەك، ئون بۇقا، يىگىرمە مادا ئېشەك، ئون ھاڭگا ئېشەكنى سوۋغات قىلىپ تەييارلاپ، [16] بۇلارنى ئايرىم-ئايرىم توپ قىلىپ خىزمەتكارلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارغا جېكىلەپ: ــ سىلەر مەندىن بۇرۇن مېڭىپ، ھەر توپنىڭ ئارىسىدا ئارىلىق قويۇپ ھەيدەپ مېڭىڭلار، ــ دېدى.

[17] ئۇ ئەڭ ئالدىدىكى توپ بىلەن ماڭغان كىشىگە ئەمر قىلىپ: ــ ئاكام ئەساۋ ساڭا ئۇچرىغاندا، ئەگەر ئۇ سەندىن: «كىمنىڭ ئادىمىسەن؟ قەيەرگە بارىسەن؟ ئالدىڭدىكى جانىۋارلار كىمنىڭ؟» ــ دەپ سورىسا، [18] ئۇنداقتا سەن جاۋاب بېرىپ: «بۇلار كەمىنىلىرى ياقۇپنىڭ بولۇپ، خوجام ئەساۋغا ئەۋەتكەن سوۋغاتتۇر. مانا، ئۇ ئۆزىمۇ كەينىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ» ــ دېگىن، دېدى.

[19-20] شۇ تەرىقىدە ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى پادىلارنى ھەيدەپ ماڭغۇچى كىشىلەرگىمۇ ئوخشاش ئەمر قىلىپ: ــ ئەساۋ سىزلەرگە ئۇچرىغاندا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق دەڭلار، ئاندىن: ــ مانا، كەمىنىلىرى ياقۇپ ئۆزىمۇ ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ، ــ دەڭلار، دېدى؛ چۈنكى ئۇ: ــ مەن ئالدىمدا بارغان سوۋغات بىلەن ئۇنى مېنى كەچۈرۈم قىلدۇرۇپ، ئاندىن يۈزىنى كۆرسەم، مېنى قوبۇل قىلارمىكىن، ــ دەپ ئويلىغانىدى.

[21] شۇنداق قىلىپ سوۋغات ئالدىن ئەۋەتىلدى؛ ئۇ شۇ كېچىسى بارگاھتا قونۇپ قالدى.

## ياقۇپنىڭ خۇدا بىلەن چېلىشىشى

[22] ئۇ شۇ كېچىدە قوپۇپ، ئىككى ئايالى ۋە ئىككى دېدىكى ۋە ئون بىر ئوغلىنى ئېلىپ، ياببوك كېچىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. [23] ئۇ ئۇلارنى

---

15-13:32 **«ھاڭگا ئېشەك»** ــ ياكى «تەخەي».

20-19:32 **«ئۇنى مېنى كەچۈرۈم قىلدۇرۇپ، ئاندىن...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭ يۈزى ئالدىدا كەفارەت قىلالايمەن، ئاندىن...». «كەفارەت» دېگەن ئىش توغرۇلۇق «مىس.» 33:29 ۋە ئىزاھاتى، شۇنداقلا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**ئېقىندىن ئۆتكۈزدى، شۇنداقلا ھەممە تەئەللۇقىنىمۇ ئۇ قارشى
تەرەپكە ئۆتكۈزدى. 24 ياقۇپ بولسا بۇ قاتتا يالغۇز قالدى؛ بىر زات
كېلىپ شۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇچە چېلىشتى. 25 لېكىن بۇ
زات ئۇنى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يوتىسىنىڭ يىرىقىغا
قولىنى تەگكۈزۈپ قويدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چېلىشىۋاتقاندا
ياقۇپنىڭ يوتىسى قازاندىن چىقىپ كەتتى.
26 ئۇ زات: ــ مېنى قويۇپ بەرگىن، چۈنكى تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، دېدى.
سەن مېنى بەرىكەتلىمىگۈچە، سېنى قويۇپ بەرمەيمەن، دېدى ياقۇپ.
27 ئۇ ئۇنىڭدىن: ــ ئېتىڭ نېمە؟ دەپ سورىدى.
ئۇ: ئېتىم ياقۇپ، ــ دېدى.
28 ئۇ ئۇنىڭغا: ــ سېنىڭ ئېتىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپ بولماي،
بەلكى ئىسرائىل بولىدۇ؛ چۈنكى سەن خۇدا بىلەنمۇ، ئىنسان بىلەنمۇ
ئېلىشىپ غالىب كەلدىڭ، ــ دېدى.
29 ئاندىن ياقۇپ ئۇنىڭدىن: ــ نامىڭنى ماڭا دەپ بەرگىن،
دېۋىدى، ئۇ: ــ نېمىشقا مېنىڭ نامىمنى سورايسەن؟ ــ دېدى ۋە
شۇ يەردە ئۇنىڭغا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلدى.
30 شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ: ــ خۇدانى يۈزمۇ-يۈز كۆرۈپ، جېنىم قۇتۇلۇپ
قالدى، دەپ ئۇ جاينىڭ نامىنى «پەنىئەل» دەپ ئاتىدى.
31 ئۇ پەنىئەلدىن ئۆتۈپ ماڭغاندا، كۈن ئۇنىڭ ئۈستىبېشىنى يورۇتتى؛
ئەمما ئۇ يوتىسى تۈپەيلىدىن ئاقساپ ماڭاتتى .
32 بۇ سەۋەبتىن ئىسرائىللار بۈگۈنگىچە يوتىنىڭ ئۈگىسىدىكى پەينى**

---

**25:32** **«يوتىسىنىڭ يىرىقىغا...»** ــ ياكى «يوتىسىنىڭ ئۈگىسىگە».

**26:32** ھوش. 12:4.

**28:32** **«ئىسرائىل»** ــ مەنىسى «خۇدا بىلەن بىللە بولغان ئەمىر» ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ «خۇدا بىلەن ئېلىشقۇچى».

**28:32** يار. 10:35.

**29:32** **«پەنىئەل»** ــ (ياكى «پەنۇئەل») ــ مەنىسى «خۇدانىڭ جامالى».

**30:32** **«خۇدانى يۈزمۇ-يۈز كۆرۈپ، جېنىم قۇتۇلۇپ قالدى»** ــ بۇ ئىنتايىن سىرلىق ۋەقە ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

يېمەيدۇ؛ چۈنكى شۇ زات ياقۇپنىڭ يوتىسىنىڭ يىرىقىغا، يەنى ئۇنىڭ پەيىگە قولىنى تەگكۈزۈپ قويغانىدى.

## ياقۇپنىڭ ئەساۋ بىلەن ئۇچرىششى

33 [1] ياقۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، مانا ئەساۋ تۆت يۈز كىشى بىلەن كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىلىرىنى ئايرىپ، لېياھ، راھىلە ۋە ئىككى دېدەككە تاپشۇردى؛ [2] ئۇ ئىككى دېدەك ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدۇردى، ئاندىن لېياھ بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىنى، ئەڭ ئاخىرىدا راھىلە بىلەن يۈسۈپنى ماڭدۇردى. [3] ئۆزى بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭدى، ئۇ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغۇچە يەتتە قېتىم يەرگە باش ئۇرۇپ تەزىم قىلدى. [4] ئەساۋ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ، بويىنىغا گىرە سېلىپ، ئۇنى سۆيدى؛ ھەر ئىككىسى يىغلىشىپ كەتتى. [5] ئاندىن ئەساۋ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئاياللار ۋە بالىلارنى كۆرۈپ: ــ بۇ سەن بىلەن بىللە كەلگەنلەر كىملەر؟ ــ دەپ سورىدى.

ياقۇپ: ــ بۇلار خۇدا شاپائەت قىلىپ كەمىنىلىرىگە بەرگەن بالىلاردۇر، ــ دېدى.

[6] ئاندىن ئىككى دېدەك ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى؛ [7] ئاندىن لېياھمۇ ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن ئالدىغا بېرىپ، تەزىم قىلدى، ئاخىرىدا يۈسۈپ بىلەن راھىلە ئالدىغا بېرىپ، تەزىم قىلدى.

[8] ئەساۋ: ــ ماڭا يولدا ئۇچرىغان ئاشۇ توپلىرىڭدا نېمە مەقسىتىڭ بار؟ ــ دېۋىدى، ياقۇپ جاۋاب بېرىپ: ــ بۇ خوجامنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تېپىشىم ئۈچۈندۇر، دېدى.

[9] لېكىن ئەساۋ: ــ ئەي قېرىندىشىم، مەندە يېتىپ ئاشقۇدەك بار. سېنىڭ ئۆز نەرسىلىرىڭ ئۆزۈڭگە قالسۇن، دېدى.

[10] ئەمما ياقۇپ: ــ ئۇنداق قىلمىغىن؛ ئەگەر مەن نەزەرلىرىدە ئىلتىپات

تاپقان بولسام، سوۋغىتىمنى قولۇمدىن قوبۇل قىلغايلا؛ چۈنكى
سىلىنىڭ مېنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغانلىرىنى كۆرۈپ،
دىدارلىرىنى كۆرگىنىمدە خۇدانىڭ دىدارىنى كۆرگەندەك بولدۇم!
[11] ئەمدى ساڭا كەلتۈرۈلگەن، خۇدادىن كۆرگەن بۇ بەرىكەتلىرىمنى قوبۇل
قىلغايلا؛ چۈنكى خۇدا ماڭا شاپائەت كۆرسەتتى، ھەممە نەرسىلىرىم
بار بولدى، — دەپ ئۇنىڭدىن قايتا-قايتا ئۆتۈنۈۋىدى، ئۇ قوبۇل قىلدى.
[12] ئاندىن ئەساۋ: — ئەمدى بىز قوزغىلىپ سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى،
مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ماڭاي، دېدى.
[13] ئۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: — خوجام كۆردىلە، باللار كىچىك، قېشىمدا
ئېمىدىغان قوزا ۋە موزايلار بار؛ ئەگەر مەن بۇلارنى بىر كۈنلا ئالدىرىتىپ
قوغلاپ ماڭدۇرسام، پۈتكۈل پادا ئۆلۈپ كېتىدۇ. [14] شۇڭا ئۆتۈنىمەنكى،
خوجام كەمىنىلىرىدىن ئالدىدا ماڭغاچ تۇرسۇن؛ مەن ئالدىمدىكى
مال-چارۋىلارنىڭ مېڭىشىغا، شۇنداقلا باللارنىڭ مېڭىشىغا قاراپ
ئاستا مېڭىپ، خوجامنىڭ قېشىغا سېئىرغا ئۇدۇل باراي، دېدى.
[15] ئۇ ۋاقىتتا ئەساۋ: — ئۇنداق بولسا، مەن ئۆزۈم بىلەن كەلگەن
كىشىلەردىن بىرنەچچىنى قېشىڭدا قويۇپ كېتەي، دېدى. لېكىن ئۇ
جاۋاب بېرىپ: — بۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟ پەقەت خوجامنىڭ نەزىرىدە
ئىلتىپات تاپساملا شۇ كۇپايە، دېدى.
[16] ئەساۋ ئۇ كۈنى يولغا چىقىپ سېئىرغا يېنىپ كەتتى. [17] ياقۇپ سەپەر
قىلىپ، سۇككوت دېگەن جايغا كەلگەندە، ئۇ يەرگە بىر ئۆي سېلىپ،
ماللىرىغا لاپاسلارنى ياسىدى. شۇڭا بۇ يەر «سۇككوت» دەپ ئاتالدى.
[18] شۇ تەرىقىدە ياقۇپ پادان-ئارامدىن قايتىپ، قانائان زېمىنىدىكى
شەكەم شەھىرىگە ئامان-ئېسەن كەلدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئالدىدا
چېدىر تىكتى. [19] ئاندىن ئۇ چېدىر تىككەن يەرنىڭ بىر قىسمىنى
شەكەمنىڭ ئاتىسى بولغان ھامورنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىر يۈز

---

17:33 **«سۇككوت»** — مەنىسى «كەپىلەر» ياكى «لاپاسلار».

**18:33** يە. 32:24؛ روس. 16:7.

قەسىتىگە سىپتۇۋېلىپ، [20] شۇ يەردە بىر قۇربانگاھ سېلىپ، نامىنى «ئەل-ئەلوھە-ئىسرائىل» دەپ ئاتىدى.

## شەكەمنىڭ دىناھنىڭ نومۇسىغا تېگىشى

34 [1] بىر كۈنى، لېياھنىڭ ياقۇپقا تۇغۇپ بەرگەن قىزى دىناھ يۇرتنىڭ قىزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى چىقتى. [2] شۇ يۇرتنىڭ ئەمىرى ھىۋىي ھامورنىڭ ئوغلى شەكەم ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، زورلاپ نومۇسىغا تەگدى. [3] ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى ياقۇپنىڭ قىزى دىناھقا چۈشۈپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببىتى بىلەن كۆڭۈل سوردى. [4] شۇنىڭ بىلەن شەكەم ئاتىسى ھاموردىن: ــ بۇ قىزنى ماڭا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرگىن، دەپ تەلەپ قىلدى.

[5] ياقۇپ شەكەمنىڭ قىزى دىناھنىڭ ئىپپىتىگە تەگكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ماللىرى بىلەن دالالاردا ئىدى؛ شۇڭا ياقۇپ ئۇلار كەلگۈچە جىم تۇرۇپ تۇردى. [6] شەكەمنىڭ ئاتىسى ھامور ياقۇپنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىلى چىقتى؛ [7] ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى خەۋەرنى ئاڭلاپلا دالالاردىن قايتىپ كەلگەندى. بۇلار شەكەمنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى قىلىپ، ياقۇپنىڭ قىزىنىڭ نومۇسىغا تېگىپ ئىسرائىل قەبىلىسىدە شەرمەندىلىك قىلغىنى ئۈچۈن ئازابلىنىپ، ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەندى. [8] ھامور ئۇلارغا سۆز قىلىپ: ــ ئوغلۇم شەكەمنىڭ كۆڭلى قىزىڭلارغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئىلتىپات قىلىپ ئۇنى ئوغلۇمغا خوتۇنلۇققا بەرسەڭلار! [9] بىز بىلەن قۇدا-باجا بولۇپ، قىزلىرىڭلارنى

19:33 **«قەسىتە»** ــ پۇل بىرلىكى بولۇپ، قىممىتى بىزگە نامەلۇم.

20:33 **«ئەل-ئەلوھە-ئىسرائىل»** ــ مەنىسى ««ئەل» ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىدۇر» (ئىبرانىي تىلىدا «ئەل» بولسا «ئىلاھ»، «خۇدا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ).

1:34 يار. 21:30.

7:34 **«ئىسرائىل قەبىلىسىدە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىسرائىلدا». «ئىسرائىل» دېگەن بۇ سۆز مۇشۇ يەردە «ئىسرائىل قەبىلىسى» ياكى «ئىسرائىل خەلقى»نى كۆرسەتكەن. بۇنىڭ مۇقەددەس كىتابتا بىرىنچى قېتىم شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىشى بولىدۇ.

بىزگە بېرىڭلار، بىزنىڭ قىزلىرىمىزنىمۇ سىلەر ئېلىڭلار؛ [10] بىز بىلەن
بىللە تۇرۇڭلار. مانا، يەر ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇ؛ بۇ يەرنى ماكان قىلىپ، سودا
قىلىپ، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئۆي-مۈلۈك ئېلىڭلار، ــ دېدى.
[11] شەكەم قىزنىڭ ئاتىسى بىلەن ئاكا-ئۇكىلىرىغا: ــ نەزىرىڭلاردا
ئىلتىپات تاپسام دەيمەن؛ سىلەر نېمە دېسەڭلار، شۇنى
بېرەي. [12] مەندىن قانچىلىك تويلۇق ياكى سوۋغات تەلەپ قىلساڭلار،
ماڭا ئېيتقىنىڭلارچە بېرەي؛ پەقەت بۇ قىزنى ماڭا خوتۇنلۇققا
بەرسەڭلارلا بولىدۇ، دېدى.
[13] ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى بولسا شەكەم ۋە ئاتىسى هامورغا هىيلە-
مىكىر بىلەن جاۋاب بەردى، چۈنكى ئۇ سىڭلىسى دىناهنىڭ
ئىپپىتىگە تەگكەندى؛ [14] ئۇلارغا: ــ بىز بۇنداق قىلالمايمىز،
سىڭلىمىزنى خەتنىسىز بىرسىگە بېرىشكە ماقۇل دېيەلمەيمىز؛
چۈنكى بۇ بىزگە نومۇس بولىدۇ. [15] پەقەت بىر شەرتىمىزگە
كۆنسەڭلارلا سىلەرگە ماقۇل بولىمىز؛ سىلەرنىڭ بارلىق
ئەركەكلىرىڭلار خەتنە قىلىنىپ بىزدەك بولسا، [16] قىزلىرىمىزنى
سىلەرگە بېرىپ، سىلەرنىڭ قىزلىرىڭلارنى بىز ئېلىپ ئاراڭلاردا
ئولتۇرۇپ، بىر قوۋم بولۇپ قالىمىز. [17] ئەمما بىزگە قۇلاق سالماي
خەتنە قىلىنىشقا ئۇنىمىساڭلار، ئۇنداقتا بىز قىزىمىزنى ئېلىپ
كېتىمىز، ــ دېدى.
[18] ئۇلارنىڭ سۆزلىرى هامور ۋە ئوغلى شەكەمنىڭ نەزىرىگە ياقتى.
[19] يىگىت بۇ ئىشنى كەينىگە سوزمىدى، چۈنكى ئۇ ياقۇپنىڭ قىزىغا
ئىجىل بولۇپ قالغانىدى؛ ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە هەممىدىن ئەتىۋارلىق
ئىدى. [20] شۇنىڭ بىلەن هامور ئوغلى شەكەم بىلەن شەهەرنىڭ دەرۋازىسىغا
بېرىپ، شەهەرنىڭ ئادەملىرىگە سۆز قىلىپ: ــ [21] بۇ ئادەملەرنىڭ بىز
بىلەن ئىناق ئۆتكۈسى بار. شۇڭا ئۇلار مۇشۇ يۇرتتا تۇرۇپ سودا-سېتىق
قىلسۇن؛ مانا، بۇ جاينىڭ ئىككى تەرىپى ئۇلارغا يەتكۈدەك كەڭرىدۇر.
بىز ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۆز قىزلىرىمىزنى ئۇلارغا

**14:34** يار. 12:17،13،14.

بىرىمىز. [22]لېكىن پەقەت ئارىمىزدىكى ھەممە ئەركەك ئۇلار خەتنە قىلىنغاندەك خەتنە قىلىنسا، ئۇ ئادەملەر ئارىمىزدا تۇرۇپ بىز بىلەن بىر خەلق بولۇشقا ماقۇل دەيدۇ. [23]شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ مال-تەئەللۇقاتى، ھەممە چارپايلىرى بىزنىڭكى بولمامدۇ؟ بىز پەقەت ئۇلارغا ماقۇل دېسەكلا، ئۇلار ئارىمىزدا تۇرىدۇ، ــ دېدى.

[24]شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ-چىقىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ھامور بىلەن ئوغلى شەكەمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى. شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ-چىقادىغانلارنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلىندى. [25]ئەمما ئۈچىنچى كۈنى، ئۇلار تېخىچە ئاغرىق ياتقىنىدا شۇنداق بولدىكى، ياقۇپنىڭ ئىككى ئوغلى، يەنى دىناھنىڭ ئاكىلىرى شىمېئون بىلەن لاۋىي ھەرقايسىسى ئۆز قىلىچىنى ئېلىپ، شەھەر خاتىرجەملىك ئىچىدە تۇرغىنىدا بېسىپ كىرىپ، ھەممە ئەركەكنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ [26]ئۇلار ھامور بىلەن ئوغلى شەكەمنىمۇ قىلىچلاپ، دىناھنى شەكەمنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتتى. [27]ئاندىن ياقۇپنىڭ بارلىق ئوغۇللىرى: «ئۇلار سىڭلىمىزنىڭ نومۇسىغا تەگدى» دەپ، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جايىغا كېلىپ، شەھەرنى بۇلاپ-تالاڭ قىلد ى. [28]ئۇلارنىڭ قوي-كالا، ئېشەكلىرىنى، شەھەردىكى ھەممىنى، ئېتىزلىقلاردىكى ھەممىنى ئېلىپ كەتتى، [29]شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالاپ، بارلىق خوتۇن-بالىلارنى ئەسىر قىلىپ، ئۆي ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ كەتتى.

[30]ياقۇپ شىمېئون ۋە لاۋىينى ئەيىبلەپ: ــ سىلەر مېنى بالاغا تىقىپ، زېمىندىكىلەر ــ قانائانىيلار بىلەن پەرىززىيلەرنىڭ ئالدىدا سېسىتتىڭلار. بىزنىڭ ئادىمىمىز ئاز بىر خەلقتۇرمىز؛ ئۇلار ماڭا قارشى چىقىپ يىغىلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مەن ۋە

25:34 **«دىناھنىڭ ئاكىلىرى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، شىمېئون ۋە لاۋىي دىناھنىڭ بىر تۇغقان (لېياھدىن تۇغۇلغان) ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئاكىسى ئىدى.

**25:34** يار. 6:49.

27:34 **«ئۇلار سىڭلىمىزنىڭ نومۇسىغا تەگدى»** ــ بۇ تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. چۈنكى پەقەت بىرلا ئادەم شۇنداق قىلغانىدى.

جەمەتىم ۋەيران بولىمىز، ــ دېدى.
[31] ئەمما ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ ئەجەبا، سىڭلىمىزغا بىر پاھىشە
ئايالغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسا بولامدۇ؟ ــ دېدى.

## خۇدانىڭ بەيت-ئەلدە ياقۇپقا باشپاناھ بولۇشى

35 [1] ئاندىن خۇدا ياقۇپقا: ــ سەن ھازىر بەيت-ئەلگە چىقىپ، شۇ
يەرنى ماكان قىل، ئۆزۈڭ ئاكاڭ ئەساۋدىن قېچىپ ماڭغىنىڭدا
ساڭا كۆرۈنگەن مەن تەڭرىگە بىر قۇربانگاھ ياسىغىن، ــ دېدى.
[2] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ ئۆيىدىكىلەر ۋە ئۆزى بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ
ھەممىسىگە مۇنداق دېدى: ــ ئاراڭلاردىكى يات ئىلاھ بۇتلىرىنى
تاشلىۋېتىپ، ئۆزۈڭلارنى پاكلاپ ئېگىنلىرىڭلارنى يەڭگۈشلەڭلار.
[3] ئاندىن قوپۇپ بەيت-ئەلگە چىقىمىز. مەن شۇ يەردە قىيىنچىلىقتا
قالغاندا دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىپ، يۈرگەن يولۇمدا مېنىڭ بىلەن
بىللە بولۇپ كەلگەن تەڭرىگە قۇربانگاھ سالاي، ــ دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوللىرىدىكى ھەممە يات ئىلاھ بۇتلىرىنى، شۇنداقلا
قۇلاقلىرىدىكى زىرىلەرنى چىقىرىپ ياقۇپقا بەردى. ياقۇپ بۇلارنى
شەكەمدىكى دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويدى. [5] ئاندىن ئۇلار
سەپەرگە ئاتلاندى؛ ئەمما ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى خۇدادىن بولغان بىر
ۋەھىمە باسقاچقا، ئۇلار ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرىنى قوغلىمىدى. [6] بۇ تەرىقىدە
ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ ھەممىسى قانائان زېمىنىدىكى
لۇز، يەنى بەيت-ئەلگە يېتىپ كەلدى. [7] ئۇ شۇ يەردە بىر قۇربانگاھ ياسىدى؛
ئاكىسىدىن قېچىپ ماڭغىنىدا شۇ يەردە خۇدا ئۇنىڭغا كۆرۈنگىنى ئۈچۈن

30:34 **«بىزنىڭ ئادىمىمىز ئاز بىر خەلقتۇرمىز»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەن سانىم ئاز ئادەممەن»
31:34 **«ئەجەبا، سىڭلىمىزغا بىر پاھىشە ئايالغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسا بولامدۇ؟»**
ــ بۇ ۋەقە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.
**1:35** يار. 43:27؛ 13،12:28.

بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «ئەل-بەيت-ئەل» دەپ ئاتىدى.
[8]رىۋكاھنىڭ ئىنىكئانىسى دەبوراھ بولسا شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى.
ئۇ بەيت-ئەلنىڭ ئايغىدىكى دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىدە دەپنە قىلىندى.
بۇ سەۋەبتىن شۇ دەرەخ «يىغا-زارنىڭ دۇب دەرىخى» دەپ ئاتالدى.

## خۇدانىڭ ياقۇپقا يەنە بىر قېتىم بەخت ئاتا قىلىپ، يېڭى ئىسمىنى تەكرارلىشى

[9]ياقۇپ شۇ يول بىلەن پادان-ئارامدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن،
خۇدا ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا بەخت-بەرىكەت
ئاتا قىلدى. [10]ئاندىن خۇدا ئۇنىڭغا: ــ سېنىڭ ئىسمىڭ ياقۇپتۇر؛
ئەمما مۇندىن كېيىن سەن ياقۇپ ئاتالماي، بەلكى نامىڭ ئىسرائىل
بولىدۇ، دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسرائىل قويۇپ قويدى. [11]ئاندىن
خۇدا يەنە ئۇنىڭغا: ــ مەن ئۆزۈم ھەممىگە قادىر تەڭرىدۇرمەن؛
سەن نەسىللىنىپ، كۆپەيگىن؛ بىر ئەل، شۇنداقلا بىر تۈركۈم
ئەللەر سەندىن پەيدا بولىدۇ؛ پادىشاھلارمۇ سېنىڭ پۇشتۇڭدىن
چىقىدۇ. [12]مەن ئىبراھىم ۋە ئىسھاققا بەرگەن زېمىننى ساڭا
بېرىمەن، شۇنداقلا سەندىن كېيىنكى نەسلىڭگىمۇ شۇ زېمىننى
بېرىمەن، ــ دېدى.
[13]ئاندىن خۇدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن جايدىن، ئۇنىڭ
يېنىدىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. [14]ياقۇپ خۇدا ئۆزى بىلەن

**7:35 «ئەل-بەيت-ئەل»** ــ مەنىسى «بەيت-ئەلدىكى خۇدا». «كۆرۈنگەن» دېگەن پېئىل كۆپلۈك شەكلىدە.
**7:35** يار. 19:28.
**8:35 «يىغا-زارنىڭ دۇب دەرىخى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاللون-باقۇت».
**9:35** ھوش. 5:12.
**10:35** يار. 27:32؛ 2پاد. 34:17.
**11:35 «بىر ئەل، شۇنداقلا بىر تۈركۈم ئەللەر سەندىن پەيدا بولىدۇ؛ پادىشاھلارمۇ سېنىڭ پۇشتۇڭدىن چىقىدۇ»** ــ بۇ بېشارەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.
**11:35** يار. 1:17، 6؛ 3:28؛ 3:48.

**سۆزلەشكەن جايدا بىر تاش تۈۋرۈكنى تىكلەپ، ئۈستىگە بىر شاراب ھەدىيەسىنى تۆكتى ۋە زەيتۇن مېيى قۇيۇپ قويدى. 15 ياقۇپ خۇدا ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەن شۇ جاينىڭ نامىنى «بەيت-ئەل» دەپ ئاتىدى.**

## راھىلەنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىشى

**16 ئاندىن ئۇلار بەيت-ئەلدىن مېڭىپ، ئەفراتقا ئازغىنا يول قالغاندا، راھىلەنى تولغاق تۇتۇپ كېتىپ، قاتتىق تۇغۇت ئازابىدا قالدى. 17 ئەمما تولغىقى قاتتىق ئېغىرلاشقاندا، تۇغۇت ئانىسى ئۇنىڭغا: ــ قورقمىغىن، بۇ قېتىم يەنە بىر ئوغلۇڭ بولىدىغان بولدى ــ دېدى.**
**18 شۇنداق بولدىكى، راھىلە جېنى چىقىش ئالدىدا، ئاخىرقى نەپىسى بىلەن ئوغلىغا «بەن-ئونى» دەپ ئىسىم قويدى؛ ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى «بەن-يامىن» دەپ ئاتىدى.**
**19 راھىلە ۋاپات بولدى ۋە بەيت-لەھەم دەپ ئاتىلىدىغان ئەفراتنىڭ يولىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىندى. 20 ياقۇپ ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۈستىگە بىر خاتىرە تېشى تىكلەپ قويدى. بۈگۈنگە قەدەر «راھىلەنىڭ قەبرە تېشى» شۇ يەردە تۇرماقتا. 21 ئاندىن ئىسرائىل سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ مىگدال-ئېدىرنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆز چېدىرىنى تىكتى.**

---

**14:35** يار. 18:28.

**15:35 «بەيت-ئەل»** ــ «خۇدانىڭ ئۆيى». بۇ ياقۇپنىڭ ئىككىنچى قېتىم بۇ نامنى شۇ يەرگە قويۇشى ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ بۇ نامنىڭ ئەھمىيىتىنى بىر قەدەر تولۇق چۈشەنگىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.

**18:35 «بەن-ئونى»** ــ (ئەرەبچە «ئىبن-ئاني») ــ مەنىسى «قايغۇمنىڭ ئوغلى». «بەن-يامىن» (بنيامن) دېگەننىڭ مەنىسى «ئوڭ قولدىكى ئوغۇل» ياكى «ئامەتلىك بالا».

**19:35** يار. 7:48.

**21:35 «ئىسرائىل»** ــ يەنى ياقۇپ، ئەلۋەتتە.    **«مىگدال-ئېدىر»** ــ مەنىسى «قوي پادىسى مۇنارى»

## ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى

[22] ئىسرائىل ئۇ زېمىندا تۇرغان ۋاقتىدا، رۇبەن بېرىپ ئۆز ئاتىسىنىڭ
كېنىزىكى بىلھاھ بىلەن بىر ئورۇندا ياتتى؛ ئىسرائىل بۇنى ئاڭلاپ
قالدى.
ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى: ــ
[23] لىياھدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى: ــ ياقۇپنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەن ۋە
شىمېئون، لاۋىي، يەھۇدا، ئىسساكار ھەم زەبۇلۇن ئىدى.
[24] راھىلەدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى: ــ يۈسۈپ ۋە بىنيامىن ئىدى.
[25] راھىلەنىڭ دېدىكى بىلھاھدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى: ــ دان ۋە
نافتالى ئىدى.
[26] لىياھنىڭ دېدىكى زىلپاھدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى: ــ گاد بىلەن ئاشىر
ئىدى. بۇلار بولسا ياقۇپقا پادان-ئارامدا تۇغۇلغان ئوغۇللىرى ئىدى.

## ئىسھاقنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

[27] ئەمدى ياقۇپ ئاتىسى ئىسھاقنىڭ قېشىغا، ئىبراھىم ۋە ئىسھاق
مۇساپىر بولۇپ تۇرغان كىرىئات-ئاربا، يەنى ھېبروننىڭ يېنىدىكى
مامرەگە كەلدى. [28] ئىسھاقنىڭ كۆرگەن كۈنلىرى بىر يۈز سەكسەن يىل
بولدى. [29] ئىسھاق تولىمۇ قېرىپ، كۈنلىرى توشۇپ، نەپەستىن توختاپ
ۋاپات بولدى ۋە ئۆز قوۋمىنىڭ قېشىغا بېرىپ قوشۇلدى. ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى ئەساۋ بىلەن ياقۇپ ئۇنى دەپنە قىلدى.

## ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى

**22:35** يار. 4:49.

**23:35** يار. 8:46؛ مىس. 2:1.

**29:35** **«كۈنلىرى توشۇپ،...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۈنلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ...» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ئۆز قوۋمىنىڭ قېشىغا بېرىپ قوشۇلدى»** ــ «ئىبرانىي تىلىدا «ئۆز قوۋملىرىغا قوشۇلدى» ــ 15:15 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**29:35** يار. 8:25.

1تار. 1:35-54

36 [1] تۆۋەندىكىلەر ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر (ئەساۋ يەنە ئېدوم
دەپمۇ ئاتىلىدۇ): —
[2] ئەساۋ ئاياللىرىنى قانائانىيلارنىڭ قىزلىرىدىن ئالدى، يەنى
ھىتتىيلاردىن بولغان ئېلوننىڭ قىزى ئاداھ بىلەن ھىۋىيلاردىن بولغان
زىبېئوننىڭ نەۋرىسى، ئاناھنىڭ قىزى ئوھولىباماھنى ئالدى؛ [3] ئۇنىڭدىن
باشقا ئىسمائىلنىڭ قىزى، نېبايوتنىڭ سىڭلىسى باسىماتنىمۇ
ئالغانىدى. [4] ئاداھ ئەساۋغا ئېلىفازنى تۇغۇپ بەردى؛ باسىمات بولسا
رېئۇئەلنى تۇغدى. [5] ئوھولىباماھ يەئۇش، يائالام ۋە كوراھنى تۇغدى؛ بۇلار
قانائان زېمىنىدا ئەساۋغا تۇغۇلغان ئوغۇللار ئىدى.
[6] ئەساۋ ئاياللىرى، ئوغۇل-قىزلىرى، ئۆيىدىكى ھەممە
كىشىلىرىنى ۋە چارپايلىرىنى، بارلىق ئۇلاغلىرىنى، شۇنداقلا
قانائان زېمىنىدا تاپقان بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنى ئېلىپ،
ئىنىسى ياقۇپتىن ئايرىلىپ، باشقا بىر يۇرتقا كۆچۈپ كەتتى.
[7] چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ تەئەللۇقاتلىرى ئىنتايىن كۆپ
بولغاچقا، بىر يەردە بىللە تۇرالمايتتى؛ مۇساپىر بولۇپ تۇرغان
زېمىن ئۇلارنىڭ مال-چارۋىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنى باقالماي
تتى. [8] بۇنىڭ بىلەن ئەساۋ (ئەساۋ ئېدوم دەپمۇ ئاتىلىدۇ) سېئىر
تېغىغا بېرىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالدى.
[9] تۆۋەندىكىلەر تاغلىق رايون سېئىردىكى ئېدومىيلارنىڭ ئاتا-

1:36 **«تۆۋەندىكىلەر ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر»** — مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ توققۇزىنچى «تولىدوت»ى («تارىخى»)، يەنى «ئەساۋ (ئېدوم)نىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى» («ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى») (1:36-8) باشلىنىدۇ. **«ئېدوم»** — بۇنىڭ مەنىسى «قىزىل» بولۇپ، سېئىر رايونىدىكى تۇپراقنىڭ رەڭگىنى كۆرسىتىدۇ. ئەساۋ ئۆزىمۇ «قىزىل ئادەم» بولۇپ، «قىزىل بىر زېمىن»دا ئولتۇراقلاشقان.

**1:36** 1تار. 1:35.

**7:36** يار. 6:13.

**8:36** يە. 4:24.

**بوۋسى ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر: ـ**
**[10-13] ئەساۋنىڭ ئوغۇللىرى: ـ ئەساۋنىڭ ئايالى ئاداھنىڭ**
**ئوغلى ئېلىفاز؛ ئەساۋنىڭ ئايالى باسىماتنىڭ ئوغلى رېئۇئەل.**
**ئېلىفازنىڭ ئوغۇللىرى: ـ تېمان، ئومار، زەفو، گاتام ۋە كەناز**
**ئىدى. ئەساۋنىڭ ئوغلى ئېلىفازنىڭ كىچىك خوتۇنى تىمنا ئىدى؛**
**ئۇ ئېلىفازغا ئامالەكنى تۇغۇپ بەردى. يۇقىرىلار بولسا ئەساۋنىڭ**
**ئايالى ئاداھنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. رېئۇئەلنىڭ ئوغۇللىرى: ـ**
**ناھات، زەراھ، شامماھ ۋە مىززاھ ئىدى؛ بۇلار ئەساۋنىڭ ئايالى**
**باسىماتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.**
**[14] ئەساۋنىڭ ئايالى، يەنى زىبېئوننىڭ چوڭ قىزى، ئاناھنىڭ قىزى**
**بولغان ئوھولىباماھنىڭ ئوغۇللىرى: ئۇ ئەساۋغا يەئۇش، يائالام ۋە**
**كوراھنى تۇغۇپ بەردى.**
**[15] ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكى ئەمىرلەر چىققان:**
**ـ ئەساۋنىڭ تۇنجى ئوغلى ئېلىفازنىڭ ئوغۇللىرىدىن: ـ ئەمىر**
**تېمان، ئەمىر ئومار، ئەمىر زەفو، ئەمىر كېناز،**
**[16] ئەمىر كوراھ، ئەمىر**
**گاتام ۋە ئەمىر ئامالەك چىققان. بۇلار ئېدوم زېمىنىدا ئېلىفازنىڭ**
**نەسلىدىن چىققان ئەمىرلەر بولۇپ، ئاداھنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.**
**[17] ئەساۋنىڭ ئوغلى رېئۇئەلنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەمىر ناھات، ئەمىر**

---

**9:36 «تۆۋەندىكىلەر ... ئېدومىيلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر: ـــ»**
ـــ مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ ئونىنچى «تولىدوت»ى («تارىخى»)، يەنى «ئەساۋنىڭ **سېئىردا ئولتۇراقلاشقان** ئەۋلادلىرىنىڭ تولىدوتى» («ئەساۋنىڭ **سېئىردا ئولتۇراقلاشقان** ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى») (1:37-9:36) باشلىنىدۇ. ئەساۋ ئاۋۋال قانائان زېمىنىدا تۇرۇپ بىرنەچچە پەرزەنت كۆردى؛ بۇلار 1-8-ئايەتتە خاتىرىلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ «سېئىر تاغلىق رايونى»دا تۇرۇپ ئۇ يەردە بىرنەچچە پەرزەنتلىك بولغان؛ بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ (1:37-9:36).
—مەزكۇر تارىخ شۇ تاغلىق رايونلۇق «ھورىيلار»نىڭ تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارىغاندا، ھورىيلار ئاۋۋال ئەساۋلارغا بويسۇنۇپ، ئاندىن ئۇلار بىلەن ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ بىر مىللەت، يەنى «ئېدوملار» ياكى «ئېدومىيلار» بولۇپ قالغان.

**15:36 «ئەمىرلەر»** ـــ مۇشۇ يەردە ئەساۋنىڭ نەسلىدىن چىققان قەبىلىلەرنىڭ ئەمىرلىرى (قەبىلە باشلىقلىرى)نى كۆرسەتسە كېرەك.

زەراھ، ئەمىر شامماھ ۋە ئەمىر مىززاھلار چىققان؛ بۇلار ئېدوم زېمىنىدا رېئۇئەلنىڭ نەسلىدىن چىققان ئەمىرلەردۇر؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەساۋنىڭ ئايالى باسىماتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

[18] ئەساۋنىڭ ئايالى ئوھولىباماھنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەمىر يەئۇش، ئەمىر يائالام ۋە ئەمىر كوراھلار چىققان. بۇلار ئاناھنىڭ قىزى، ئەساۋنىڭ ئايالى ئوھولىباماھنىڭ نەسلىدىن چىققان ئەمىرلەر ئىدى.

[19] بۇلار ئەساۋنىڭ، يەنى ئېدومنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئېدومىيلارنىڭ ئەمىرلىرى ئىدى.

## سېئىرنىڭ ئەۋلادلىرى ـ ھورىيلار

[20-21] ھورىيلاردىن بولغان سېئىرنىڭ ئېدوم زېمىنىدا ئولتۇرغان ئەۋلادلىرى: ـ لوتان، شوبال، زىبېئون، ئاناھ، دىشون، ئېزەر ۋە دىشان ئىدى. بۇلار سېئىرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئېدوم زېمىنىدا ھورىيلارنىڭ ئەمىرلىرى ئىدى.

[22] لوتاننىڭ ئوغۇللىرى ھورى بىلەن ھېمام ئىدى؛ لوتاننىڭ سىڭلىسى تىمنا ئىدى. [23] شوبالنىڭ ئوغۇللىرى: ئالۋان، ماناھات، ئېبال، شېفو ۋە ئونام ئىدى.

[24] زىبېئوننىڭ ئوغۇللىرى: ـ ئاياھ ۋە ئاناھ ئىدى. بۇ ئاناھ چۆلدە ئاتىسى زىبېئوننىڭ ئېشەكلىرىنى بېقىۋېتىپ، ئارشاڭلارنى تېپىۋالغان ئاناھنىڭ دەل ئۆزى شۇ ئىدى.

[25] ئاناھنىڭ پەرزەنتلىرى: ئوغلى دىشون؛ ئاناھنىڭ قىزى ئوھولىباماھ ئىدى.

[26] دىشوننىڭ ئوغۇللىرى: ھەمدان، ئەشبان، ئىتران ۋە كېران ئىدى.

---

**21-20:36** **«ھورىيلاردىن بولغان سېئىرنىڭ ئېدوم زېمىنىدا ئولتۇرغان ئەۋلادلىر»** ـ ھورىيلار ئەساۋلار «سېئىر زېمىنى»غا كىرىشتىن ئىلگىرىلا شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار ئىدى. سېئىر ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ، زېمىن ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىدى.

**21-20:36** 1تار. 38:1.

[27] ئېزەرنىڭ ئوغۇللىرى: بىلھان، زائاۋان ۋە ئاكان ئىدى.
[28] دىشاننىڭ ئوغۇللىرى: ئۇز ۋە ئاران ئىدى.
[29-30] ھورىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمىرلىرى: ئەمىر لوتان، ئەمىر شوبال، ئەمىر زىبېئون، ئەمىر ئاناھ، ئەمىر دىشون، ئەمىر ئېزەر ۋە ئەمىر دىشان ئىدى. بۇلار بولسا ھورىيلارنىڭ سېئىر زېمىنىدا ئۆز ناملىرى بويىچە ئاتالغان قەبىلىلەرنىڭ ئەمىرلىرى ئىدى.

## ئېدومدىكى پادىشاھلار

[31] ئىسرائىللارنىڭ ئۈستىگە ھېچ پادىشاھ تېخى سەلتەنەت قىلماستا ئېدوم زېمىنىدا سەلتەنەت قىلغان پادىشاھلار تۆۋەندىكىدەك: —
[32] بېئورنىڭ ئوغلى بېلا ئېدومدا سەلتەنەت قىلدى؛ ئۇنىڭ شەھىرىنىڭ ئىسمى دىنھاباھ ئىدى.
[33] بېلا ئۆلگەندىن كېيىن، بوزراھلىق زەراھنىڭ ئوغلى يوباب ئۇنىڭ ئورنىدا سەلتەنەت قىلدى.
[34] يوباب ئۆلگەندىن كېيىن، تېمانىيلارنىڭ زېمىنىدىن كەلگەن ھۇشام ئۇنىڭ ئورنىدا سەلتەنەت قىلدى.
[35] ھۇشام ئۆلگەندىن كېيىن، بېدادنىڭ ئوغلى ھاداد ئۇنىڭ ئورنىدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇ موئابنىڭ يايلاقلىرىدا مىدىيانىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ يەڭگەنىدى. ئۇنىڭ شەھىرىنىڭ ئىسمى ئاۋىت ئىدى.
[36] ھاداد ئۆلگەندىن كېيىن، ماسرەكاھلىق ساملاھ ئۇنىڭ ئورنىدا سەلتەنەت قىلدى.
[37] ساملاھ ئۆلگەندىن كېيىن، «دەريانىڭ بويىدىكى رەھوبوت»تىن كەلگەن سائۇل ئۇنىڭ ئورنىدا سەلتەنەت قىلدى.
[38] سائۇل ئۆلگەندىن كېيىن، ئاكبورنىڭ ئوغلى بائال-ھانان ئۇنىڭ

---

**31:36** 1تار. 1:43.
**37:36** **«دەريا»** — مۇشۇ يەردە «ئەفرات دەرياسى»نى كۆرسىتىدۇ.

ئورنىدا سەلتەنەت قىلدى.
39 ئاكبورنىڭ ئوغلى بائال-ھانان ئۆلگەندىن كېيىن، ھادار ئۇنىڭ
ئورنىدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ شەھىرىنىڭ ئىسمى پائۇ ئىدى.
ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى مەھېتابەل بولۇپ، ئۇ مەي-زاھابنىڭ قىزى
بولغان ماترەدنىڭ قىزى ئىدى.
43-40 ئەساۋنىڭ نەسلىدىن بولغان ئەمىرلەر ئۇلارنىڭ ئات-
ئىسىملىرى، جەمەتلىرى، نەسەبنامىلىرى ۋە تۇرغان جايلىرى
بويىچە: ئەمىر تىمنا، ئەمىر ئالۋاھ، ئەمىر يەھەت، ئەمىر
ئوھولىباماھ، ئەمىر ئېلاھ، ئەمىر پىنون، ئەمىر كېناز، ئەمىر
تېمان ۋە ئەمىر مىبزار، ئەمىر ماگدىيەل ۋە ئەمىر ئىراملار
ئىدى. بۇلار ئېدومىيلارنىڭ ئەمىرلىرى بولۇپ، ئۆزلىرى ئىگىلەپ
ئولتۇراقلاشقان جايلار ئۆز ناملىرى بىلەن ئاتالغانىدى. مانا شۇ
تەرىقىدە ئەساۋ ئېدومىيلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى بولدى.

## يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى

37 1 ياقۇپ بولسا ئاتىسى مۇساپىر بولۇپ تۇرغان يەردە، يەنى
قانائان زېمىنىدا ئولتۇراقلاشتى.
2 تۆۋەندىكىلەر ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرىدۇر.
يۈسۈپ يىگىت بولۇپ ئون يەتتە ياشقا كىرگەن چاغلىرىدا، ئاكىلىرى

39:36 **«ئاكبورنىڭ ئوغلى ... ئۆلگەندىن كېيىن، ھادار ئۇنىڭ ئورنىدا سەلتەنەت قىلدى»** — قارىغاندا، ھورىيلارنىڭ پادىشاھلىرى سۇلالە تۈزۈمى بويىچە ئەمەس، مەلۇم سايلام يولى بىلەن تاللىناتتى.

43-40:36 **«مانا شۇ تەرىقىدە ئەساۋ ئېدومىيلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى بولدى»** — ياكى «بۇلار بولسا ئېدومدىكى ئۆزلىرى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى ئەمىرلەر ئىدى». **«مانا شۇ تەرىقىدە ئەساۋ ئېدومىيلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى بولدى»** — قىزىق بىر ئىش شۇكى، ئىسرائىللار تېخى مۇساپىر بولۇپ يۈرۈۋاتقاندا، ئەساۋلار ئاللىقاچان مۇقىم زېمىنلىق بولۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈمى بولغان، شۇنداقلا خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولسا كېرەك. بىراق كېيىن ئىسرائىللار ئۇلاردىن كۆپ تەرەپلەردە ئېشىپ كەتتى

**43-40:36** 1تار. 51:1.

**1:37** يار. 7:36؛ ئىبر. 9:11.

بىلەن بىللە قويلارنى باقاتتى؛ ئۇ ئاتىسىنىڭ كىچىك خوتۇنلىرى
بىلھاھ ۋە زىلپاھنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىللە ئىشلەيتتى. يۈسۈپ
ئاتىسىغا ئۇلارنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى ئېيتىپ قوياتتى. [3]يۈسۈپ
ئىسرائىلنىڭ قېرىغان ۋاقتىدا تاپقان بالىسى بولغاچقا، ئۇنى
باشقا ئوغۇللىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ يۈسۈپكە
ئۇزۇن يەڭلىك تون تىكتۈرۈپ بەردى. [4]ئەمما ئاكىلىرى ئاتىسىنىڭ
ئۇنى ئۆزلىرىدىن ياخشى كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ
قالغاندى ۋە ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپ قىلماتتى.
[5]ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈسۈپ بىر چۈش كۆرگەن بولۇپ، ئۇنى ئاكىلىرىغا
دەپ بېرىۋىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. [6]يۈسۈپ
ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ مېنىڭ كۆرگەن شۇ چۈشۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.
[7]مانا، بىز ھەممىمىز ئېتىزلاردا ئاشلىقلارنى باغلاۋاتقۇدەكمىز.
قارىسام مېنىڭ ئۆنچەم ئۆرە تۇرۇپتىدەك؛ سىلەرنىڭ ئۆنچەڭلار
بولسا مېنىڭ ئۆنچەمنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ تەزىم قىلىپ
تۇرغۇدەك! ــ دېدى.
[8]ئاكىلىرى ئۇنىڭدىن: ــ ئەجەبا، سەن بىزگە پادىشاھ بولامسەن؟
ئۈستىمىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلامسەن؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇنىڭ كۆرگەن
چۈشلىرى ۋە گېپىدىن ئاكىلىرى ئۇنى تېخىمۇ يامان كۆردى.
[9]كېيىن ئۇ يەنە بىر چۈش كۆردى ۋە چۈشىنى ئاكىلىرىغا دەپ: ــ مانا،
مەن يەنە بىر چۈش كۆردۈم. قارىسام، قۇياش بىلەن ئاي ۋە ئون بىر
يۇلتۇز ماڭا تەزىم قىلىپ تۇرغۇدەك! ــ دېدى.

---

2:37 **«تۆۋەندىكىلەر ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرىدۇر»** ــ مۇشۇ جۈملە بىلەن «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ ئون بىرىنچى «تولىدوت»ى (ئاخىرقى «تولىدوت» ياكى «تارىخ»)، يەنى «ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تولىدوتى» («ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرى») (2:37-26:50) باشلىنىدۇ. **«يۈسۈپ ئاتىسىغا ئۇلارنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى ئېيتىپ قوياتتى»** ــ ئوقۇرمەنلەر يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدىن ئۇ بەرگەن بۇ خەۋەرنىڭ راست ياكى راست ئەمەسلىكىنى كۆرەلەيدۇ.
3:37 **«ئۇزۇن يەڭلىك تون»** ــ شۇ دەۋرلەردىكى ئەمىرلەر ۋە پادىشاھلار ئۆز شاھزادىلىرى ياكى ئېسىلزادىلىرىگە شۇنداق «ئۇزۇن يەڭلىك تون» كىيگۈزەتتى.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئالا رەڭلىك تون».

[10] ئۇ بۇ چۈشنى ئاتىسى ۋە ئاكىلىرىغا دەپ بەردى. ئاتىسى ئۇنىڭغا
تەنبىھ بېرىپ: ــ بۇ كۆرگىنىڭ زادى قانداق چۈش؟ ئەجەبا، مەن، ئاناڭ
ۋە ئاكا-ئۇكىلىرىڭ ئالدىڭغا بېرىپ، ساڭا يەرگە باش ئۇرۇپ تەزىم
قىلىمىزمۇ؟ ــ دېدى.
[11] شۇنىڭ بىلەن ئاكىلىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغىلى تۇردى. ئەمما
ئاتىسى شۇ گەپنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

## يۈسۈپنىڭ مىسىرغا، قۇللۇققا سېتىلىشى

[12] ئەمدى يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى باققىلى
شەكەمگە كەتكەنىدى. [13] ئىسرائىل يۈسۈپكە: ــ ئاكىلىرىڭ شەكەمدە
پادا بېقىۋاتىدىغۇ؟ كەل، مەن سېنى ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەۋەتەي،
دېۋىدى، يۈسۈپ: ــ مانا مەن، دېدى.
[14] ئۇ ئۇنىڭغا: ــ ئەمدى بېرىپ ئاكىلىرىڭ ئامان-ئېسەنمۇ-ئەمەسمۇ،
قويلار ئامان-ئېسەنمۇ-ئەمەسمۇ، ماڭا خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن، دەپ
ئۇنى ھېبرون جىلغىسىدىن يولغا سالدى؛ ئۇ شەكەمگە باردى.
[15] شۇ يەردە بىرسى ئۇنىڭ دالادا تېنەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن: ــ
نېمە ئىزدەۋاتىسەن، دەپ سورىدى.
[16] ئۇ: ــ مەن ئاكىلىرىمنى ئىزدەۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ پادىلىرىنى قەيەردە
بېقىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، دېدى.
[17] ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ: ــ ئۇلار بۇ يەردىن كېتىپ قالدى، چۈنكى مەن
ئۇلارنىڭ: «يۈرۈڭلار، دوتانغا بارايلى» دېگىنىنى ئاڭلىدىم، دېدى.
شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئاكىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇلارنى
دوتاندىن تاپتى.
[18] ئۇلار ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ، ئۇ تېخى ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلمەيلا،
ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى مەسلىھەتلەشتى. [19] ئۇلار بىر-بىرىگە: ــ مانا

10:37 **«ئاكا-ئۇكىلىرىڭ»** ــ يۈسۈپنىڭ بىر ئۇكىسى، يەنى بىنيامىن بار ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ بەك كىچىك ئىدى.

11:37 روس. 9:7.

**ھېلىقى چۈش كۆرگۈچى كېلىۋاتىدۇ. [20] كېلىڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مۇشۇ
يەردىكى ئورەكلەردىن بىرىگە تاشلىۋېتەيلى، ئاندىن: ــ ۋەھشىي بىر
ھايۋان ئۇنى يەپ كېتىپتۇ، دەيلى. شۇندا، بىز ئۇنىڭ چۈشلىرىنىڭ
نېمە بولىدىغىنىنى كۆرىمىز! ــ دېدى.
[21] ئەمما رۇبەن بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن قۇتقۇزماقچى
بولۇپ: ــ ئۇنى ئۆلتۈرمەيلى، دېدى. [22] رۇبەن ئۇلارغا يەنە: ــ قان
تۆكمەڭلار! بەلكى ئۇنى چۆلدىكى مۇشۇ ئورەككە تاشلىۋېتىڭلار؛
لېكىن ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمەڭلەر، دېدى (ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇنى
ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا قايتۇرۇۋەتمەكچى
ئىدى).
[23-24] يۈسۈپ ئاكىلىرىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ،
ئۇنىڭ ئالاھىدە تونىنى، يەنى كىيىكلىك ئۇزۇن يەڭلىك تونىنى
سالدۇرۇۋېلىپ، ئورەككە تاشلىۋەتتى. لېكىن ئورەك قۇرۇق بولۇپ،
ئىچىدە سۇ يوق ئىدى.
[25] ئاندىن ئۇلار تاماق يېگىلى ئولتۇردى. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى،
مانا ئىسمائىللارنىڭ بىر كارۋىنى گىلېئاد تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.
تۆگىلىرىگە دورا-دەرمەك، تۇتىيا ۋە مۇرمەككىلەر ئارتىلغان بولۇپ،
مىسىر تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. [26] يەھۇدا قېرىنداشلىرىغا: ــ بىزنىڭ
بىر تۇغقان قېرىندىشىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى يوشۇرغىنىمىزنىڭ
نېمە پايدىسى بار؟ [27] كېلىڭلار، ئۇنى ئىسمائىللارغا سېتىۋېتەيلى؛
قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بىزنىڭ ئىنىمىز، بىر تۇغقان قېرىندىشىمىز؛
شۇڭا ئۇنىڭغا قول سالمايلى، دېۋىدى، قېرىنداشلىرى بۇنىڭغا قۇلاق
سالدى. [28] مىدىيانلىق سودىگەرلەر شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا،
ئۇلار يۈسۈپنى ئورەكتىن تارتىپ چىقىرىپ، ئۇلارغا يىگىرمە كۈمۈش**

21:37 **«قۇتقۇزماقچى بولۇپ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قۇتقۇزۇپ...».

21:37 يار. 22:42.

27:37 **«ئۇ بىر تۇغقان قېرىندىشىمىز»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ بىزنىڭ ئەتلىرىمىز».

تەڭگىگە سېتىۋەتتى. بۇلار بولسا يۈسۈپنى مىسىرغا ئېلىپ كەتتى.
29 رۇبەن ئورەكنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، يۈسۈپنىڭ ئورەكتە
يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ، 30 ئىنىلىرىنىڭ قېشىغا
بېرىپ: ــ بالا يوق تۇرىدۇ! ئەمدى مەن نەگە باراي؟! ــ دېدى.
31 ئەمما ئۇلار يۈسۈپنىڭ تونىنى ئېلىپ، بىر تېكىنى بوغۇزلاپ تونىنى
ئۇنىڭ قېنىغا مىلەپ، 32 ئاندىن ئۇزۇن يەڭلىك تونىنى ئاتىسىنىڭ
قېشىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا: ــ بۇنى بىز تېپىۋالدۇق؛ بۇ ئوغلۇڭنىڭ
تونىمۇ-ئەمەسمۇ، ئۆزۈڭ كۆرۈپ باققىن، دېدى.
33 ئۇ ئۇنى تونۇپ: ــ بۇ دەرۋەقە مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ تونى ئىكەن؛ بىر
ۋەھشىي هايۋان ئۇنى يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ؛ شۈبھىسىزكى، يۈسۈپ
تىتما-تىتما قىلىۋېتىلىپتۇ! ــ دېدى.
34 شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ كىيىملىرىنى يىرتىپ، بېلىگە بۆز باغلاپ،
نۇرغۇن كۈنلەرگىچە ئوغلى ئۈچۈن ماتەم تۇتتى. 35 ئۇنىڭ ھەممە ئوغۇل-
قىزلىرى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرسىمۇ، ئۇ تەسەللىنى
قوبۇل قىلماي: «مەن تەھتىساراغا چۈشۈپ ئوغلۇمنىڭ قېشىغا
بارغۇچە شۇنداق ماتەم تۇتىمەن!» دېدى. يۈسۈپنىڭ ئاتىسى شۇ پېتى
ئۇنىڭغا ئاھ-زار كۆتۈرۈپ ماتەم تۇتتى.
36 ئەمدى مىدىيانىيلار يۈسۈپنى مىسىرغا ئېلىپ بېرىپ، پىرەۋننىڭ
بىر غوجىدارى، پاسىبان بېشى پوتىفارغا ساتتى.

## يەھۇدا بىلەن تامار

38 1 ئۇ ۋاقىتلاردا شۇنداق بولدىكى، يەھۇدا ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ
قېشىدىن كېتىپ، ھىراھ ئىسىملىك ئادۇللاملىق بىر
كىشىنىڭكىگە چۈشتى. 2 شۇ يەردە يەھۇدا شۇئا ئىسىملىك بىر
قانائانىينىڭ قىزىنى كۆردى؛ ئۇ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ قېشىغا

**28:37** ھاك. 8:24؛ زەب. 105:17-18؛ روس. 7:9.

**35:37** يار. 42:38؛ 44:29،31.

**36:37** **«پاسىبان بېشى»** ــ شۇ چاغدىكى «پاسىبان بېشى» دېگەن مەنسەپ بەلكىم «جاللات بېشى» دېگەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**36:37** يار. 39:1؛ زەب. 105:17-18

كىرىپ ياتتى. [3]ئۇ ھامىلىدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغدى؛ يەھۇدا
ئۇنىڭغا «ئەر» دەپ ئات قويدى. [4]ئۇ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل
تۇغدى ۋە ئۇنىڭغا ئونان دەپ ئات قويدى. [5]ئاندىن يەنە ھامىلىدار
بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغدى ۋە ئۇنىڭغا شەلاھ دەپ ئات قويدى. ئۇ
تۇغۇلغاندا يەھۇدا كېزىبدا ئىدى.
[6]يەھۇدا تۇنجى ئوغلى ئەرگە تامار ئىسىملىك بىر قىزنى ئېلىپ بەردى.
[7]لېكىن يەھۇدانىڭ تۇنجى ئوغلى ئەر پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل
بولغاچقا، پەرۋەردىگار ئۇنى ئۆلتۈردى.
[8]بۇ چاغدا يەھۇدا ئونانغا: ــ ئاكاڭنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا كىرىپ،
ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ قېيىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئاكاڭ
ئۈچۈن نەسىل قالدۇرغىن، دېدى.
[9]ئەمما ئونان بۇ نەسىلنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولمايدىغانلىقىنى
بىلىپ، ئاكىسىغا نەسىل قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ھەر قېتىم
ئاكىسىنىڭ ئايالى بىلەن بىللە بولغاندا مەنىيسىنى يەرگە
ئاقتۇرۇۋېتەتتى. [10]ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى پەرۋەردىگارنىڭ
نەزىرىدە رەزىل كۆرۈنگەچكە، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
[11]يەھۇدا ئەمدى كېلىنى تامارغا: ــ ئوغلۇم شەلاھ چوڭ بولغۇچە
ئاتاڭنىڭ ئۆيىدە تۇل ئولتۇرۇپ تۇرغىن، دېدى. چۈنكى ئۇ ئىچىدە: ــ بۇمۇ
ئاكىلىرىغا ئوخشاش ئۆلۈپ كېتەرمىكىن، دەپ قورقتى. شۇنىڭ بىلەن
تامار بېرىپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. [12]ئەمدى كۆپ كۈنلەر

---

**2:38 «بىر قانائانىينىڭ قىزى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، قانائانىيلار ئىمانسىز ۋە ئەخلاقسىز بىر خەلق ئىدى.

**2:38** 1تار. 3:2.

**5:38** چۆل. 20:26.

**8:38 «قېيىنداشلىق بۇرچى»** ــ قەدىمكى زامانلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە، بىرسى ئۆز مال-مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان پەرزەنتى بولماي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنداقتا ئۆلگۈچىنىڭ ئاكا ياكى ئۇكىسى ئۇنىڭغا بىر ۋارىس پەرزەنت قالدۇرۇش ئۈچۈن ئايالىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئايالدىن پەرزەنت تۇغۇلسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭكى ئەمەس، بەلكى ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ ھېسابلىناتتى. كېيىن بۇ ئىشنى مۇسا پەيغەمبەر يەھۇدىيلارغا قانۇن دەپ بېكىتكەن («قان.» 5:25-10).

ئۆتۈپ، شۇئانىڭ قىزى، يەھۇداغا تەگكەن ئايال ئۆلدى. يەھۇدا تەسەللى تاپقاندىن كېيىن ئادۇللاملىق دوستى ھىراھ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ قوي قىرقىغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە تىمناھقا چىقتى.
[13] تامارغا: ــ قېيىنئاتاڭ قويلىرىنى قىرقىغىلى تىمناھقا يول ئالدى، دېگەن خەۋەر يەتتى. [14] شۇنىڭ بىلەن تامار شەلاھ چوڭ بولغان بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىلمىدىم، دەپ قاراپ، تۇللۇق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، چۈمبەل تارتىپ بەدىنىنى ئوراپ، تىمناھ يولىنىڭ ئۈستىدە ئەنائىمغا كىرىش ئېغىزىغا بېرىپ ئولتۇردى.
[15] ئەمدى يەھۇدا ئۇنى يۈزى يېپىقلىق ھالدا كۆرگەندە: ــ بۇ بىر پاھىشە ئايال ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. [16] ئۇ يولدىن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆز كېلىنى ئىكەنلىكىنى بىلمەي: ــ كەل، مەن سەن بىلەن بىللە بولاي، دېدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ مەن بىلەن بىللە بولساڭ، ماڭا نېمە بېرىسەن؟ دەپ سورىدى.
[17] ئۇ ئۇنىڭغا: ــ پادامنىڭ ئىچىدىن بىر ئوغلاقنى ساڭا ئەۋەتىپ بېرەي، دېدى. ئايال: ــ سەن ئۇنى ئەكېلىپ بەرگۈچە، ماڭا رەنىگە بىرەر نەرسە بېرەمسەن؟ دەپ سورىۋىدى، [18] ئۇ: ــ ساڭا نېمىنى رەنىگە بېرەي؟ ــ دېدى.
ئۇ: ــ ئۆز مۆھۈرۈڭ بىلەن ئۇنىڭ شوينىسىنى ۋە قولۇڭدىكى ھاساڭنى رەنىگە بەرگىن، دېۋىدى، ئۇ بۇلارنى بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭدىن ھامىلىدار بولۇپ قالدى.
[19] ئاندىن تامار ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى؛ ئۇ پەرەنجىنى سېلىۋېتىپ، تۇللۇق كىيىمىنى كىيىۋالدى.
[20] يەھۇدا: ــ ئۇ خوتۇننىڭ قولىدىكى رەنىنى ياندۇرۇپ كەلسۇن دەپ ئادۇللاملىق دوستىنىڭ قولى ئارقىلىق ئوغلاقنى ئەۋەتتى، ئەمما ئۇ ئۇنى تاپالمىدى. [21] ئۇ شۇ جايدىكى ئادەملەردىن: ــ ئەنائىمدىكى

---

15:38 **«بۇ بىر پاھىشە ئايال ئوخشايدۇ»** ــ شۇ ۋاقىتلاردا پاھىشە ئايالار يۈزىنى ئېتىۋالاتتى؛ توي قىلغان ئاياللار ۋە قىزلار ئادەتتە چۈمبەلسىز يۈرەتتى. پەقەت توي قىلىدىغان لايىقى ئالدىدىلا قىزلار يۈزىنى يېپىۋالاتتى (24:65نى كۆرۈڭ).

يولنىڭ بويىدا ئولتۇرغان بۇتپەرەس پاھىشە قېنى، دەپ سورىسا، ئۇلار:
ــ بۇ يەردە ھېچبىر بۇتپەرەس پاھىشە بولغان ئەمەس، دەپ جاۋاب
بەردى.
[22] بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەھۇدانىڭ قېشىغا يېنىپ بېرىپ: ــ مەن ئۇنى
تاپالمىدىم؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جايدىكى ئادەملەرمۇ: «بۇ يەردە
ھېچبىر بۇتپەرەس پاھىشە ئايال بولغان ئەمەس» دېيىشتى، دېدى.
[23] يەھۇدا: ــ بوپتۇ، ئۇ نەرسىلەرنى ئۇ ئېلىپ كەتسە كەتسۇن؛ بولمىسا،
باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمىز. نېمىلا بولمىسۇن، مەن ئۇنىڭغا
ئوغلاق ئەۋەتتىم، لېكىن سەن ئۇ خوتۇننى تاپالمىدىڭ، دېدى.
[24] ئۈچ ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن بىرسى يەھۇداغا: ــ سېنىڭ كېلىنىڭ
تامار بۇزۇقچىلىق قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىنادىن ھامىلىدار بولۇپ
قالدى، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. يەھۇدا جاۋابەن: ــ ئۇنى ئېلىپ
چىقىڭلار، كۆيدۈرۈۋېتىلسۇن! ــ دېدى.
[25] لېكىن ئۇ ئېلىپ چىقىلغاندا قېيناتىسىغا خەۋەر ئەۋەتىپ: ــ
بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئادەمدىن ھامىلىدار بولدۇم!
ئەمدى سەن كۆرۈپ باق، بۇ مۆھۈر، شوينىسى ۋە ھاسىنىڭ كىمنىڭ
ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىن، دېدى.
[26] يەھۇدا بۇ نەرسىلەرنى ئېتىراپ قىلىپ: ــ ئۇ ماڭا نىسبەتەن
ھەقلىقتۇر؛ دەرۋەقە مەن ئۇنى ئوغلۇم شەلاھقا ئېلىپ بەرمىدىم، دېدى.
بۇ ئىشتىن كېيىن يەھۇدا ئۇنىڭغا يەنە يېقىنچىلىق قىلمىدى.
[27] ئۇنىڭ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاشتى، مانا قورسىقىدا قوشكېزەك بار
ئىدى. [28] ئۇ تۇغقان ۋاقتىدا بالىلاردىن بىرسى قولىنى چىقىرىۋىدى،

**21:38 «بۇتپەرەس پاھىشە»** ــ قانائانىيلار ئارىسىدا بۇتپەرەسلىكنىڭ پاھىشۋازلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىدى. «كىم بۇنداق «بۇتپەرەس پاھىشە» بىلەن بىللە بولسا، ئۇنىڭغا بۇتتىن بىر بەخت-بەرىكەت كېلىدۇ» دەپ قارىلاتتى.

**26:38 «ئۇ ماڭا نىسبەتەن ھەقلىقتۇر»** ــ تامارنىڭ بۇ ئىشلاردا بولۇش مەقسىتى كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى.
—يەھۇدا ئەسلىدە «مەن ئۇنىڭدىن تېخىمۇ گۇناھكارمەن» دېيىشكە توغرا كېلەتتى، ئەلۋەتتە.

**27:38** 1تار. 4:2.

تۇغۇت ئانىسى دەرھال بىر قىزىل يىپنى ئېلىپ: «بۇ ئاۋۋال چىقتى»
دەپ ئۇنىڭ قولىغا چىگىپ قويدى.
[29] لېكىن ئۇ قولىنى يەنە ئىچىگە تىقىۋالدى، مانا ئۇنىڭ ئىنىسى چىقتى.
شۇنىڭ بىلەن تۇغۇت ئانىسى: «سەن قانداق قىلىپ بۆسۈپ چىقتىڭ!»
دېدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «پەرەز» دېگەن ئات قويۇلدى. [30] ئاندىن
قولىغا قىزىل يىپ چىگىلگەن ئاكىسى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئىسمى زەراھ
دەپ ئاتالدى.

## يۈسۈپنىڭ پوتىفارنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىشى

39 [1] يۈسۈپ بولسا مىسىرغا ئېلىپ كېلىندى؛ ئۇنى
پىرەۋننىڭ غوجىدارى، پاسىبان بېشى پوتىفار شۇ يەرگە
ئېلىپ كەلگەن ئىسمائىللارنىڭ قولىدىن سېتىۋالدى. [2] لېكىن
پەرۋەردىگار يۈسۈپ بىلەن بىللە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا
تارتتى؛ ئۇ مىسىرلىق خوجىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. [3] ئۇنىڭ
خوجىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى،
شۇنداقلا ئۇ نېمە ئىش قىلسا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭ قولىدا روناق
تاپقۇزغانلىقىنى بايقىدى. [4] شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئۇنىڭ نەزىرىدە
ئىلتىپات تېپىپ، ئۇنىڭ خاس خىزمەتچىسى بولدى. خوجىسى
ئۇنى ئۆيىنى باشقۇرۇشقا قويدى ۋە بارلىق تەئەللۇقاتىنى ئۇنىڭ
قولىغا تاپشۇردى.

---

29:38 **«سەن قانداق قىلىپ بۆسۈپ چىقتىڭ!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن قانداق قىلىپ بۆسۈپ چىقتىڭ؟ بۇنداق ئىش بېشىڭغا يەنە كېلىدۇ!» (ئەينى سۆز «بۆسۈپ چىقىش» بېشىڭغا يەنە كېلىدۇ!»). **«پەرەز»** ــ «بۆسۈلگەن جاي» ياكى «بۆسكۈچى» دېگەن مەنىدە.

**29:38** مات. 3:1.

**30:38** **«زەراھ»** ــ بابىل ياكى ئارامىي تىلدا «قىپقىزىل» دېگەن مەنىدە. ئىبرانىي تىلدا «پارقىراق» دېگەن مەنىدە.
—بۇ بابنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**1:39** يار. 28:37؛ زەب. 17:105

**2:39** روس. 9:7.

[5]ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئۇنى ئۆيى ۋە بارلىق تەئەللۇقاتىنى
باشقۇرۇشقا قويغاندىن تارتىپ، پەرۋەردىگار بۇ مىسىرلىقنىڭ
ئۆيىنى يۈسۈپنىڭ سەۋەبىدىن بەرىكەتلىدى؛ پەرۋەردىگارنىڭ
بەرىكىتى ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى ۋە بارلىق تېرىقچىلىقىغا كەلدى.
[6]شۇنىڭ بىلەن پوتىفار بارلىق ئىشلىرىنى يۈسۈپنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ، ئۆز تاماقىنى يېيىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن
كارى بولمىدى.
يۈسۈپ بولسا قامىتى كېلىشكەن، خۇشچىراي يىگىت ئىدى.
[7]بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، ئۇنىڭ
خوجىسىنىڭ ئايالىنىڭ يۈسۈپكە كۆزى چۈشۈپ قېلىپ: — مەن بىلەن
ياتقىن! — دېدى.
[8]ئەمما ئۇ ئۇنىماي خوجىسىنىڭ ئايالىغا مۇنداق دېدى: — مانا
خوجام ئۆيدىكى ئىشلارنى، شۇنداقلا بارلىق تەئەللۇقاتىنى قولۇمغا
تاپشۇردى، ماڭا تولىمۇ ئىشىنىپ ئىشلىرىم بىلەن كارى بولمايدۇ.
[9]بۇ ئۆيدە مەندىن چوڭ ئادەم يوق. سەندىن باشقا ئۇ ھېچبىر نەرسىنى
مەندىن ئايىمىدى — چۈنكى سەن ئۇنىڭ ئايالىدۇرسەن! شۇنداق
تۇرۇقلۇق مەن قانداقمۇ بۇنداق رەزىللىكنى قىلىپ خۇدا ئالدىدا
گۇناھكار بولاي؟ — دېدى.
[10]گەرچە ھەر كۈنى يۈسۈپكە شۇنداق دېسىمۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۇنىڭ بىلەن
يېتىپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشنى ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە
تۇرۇشنى رەت قىلغان بولسىمۇ، [11]شۇنداق بىر ۋەقە بولدىكى، بىر
كۈنى ئۇ ئۆز ئىشى بىلەن ئۆي ئىچىگە كىرگەندى، ئۆيدىكىلەردىن
ھېچقايسىسى ئۆينىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىدى؛ [12]بۇ ئايال ئۇنىڭ
تونىنى تۇتۇۋېلىپ: — مەن بىلەن ياتقىن! دېدى. ئۇ تونىنى ئۇنىڭ
قولىغا تاشلاپ قويۇپ، يۈگۈرگەن پېتى قېچىپ تاشقىرىغا چىقىپ
كەتتى. [13]ئايال يۈسۈپنىڭ تونىنى ئۆز قولىغا تاشلاپ قېچىپ چىقىپ
كەتكىنىنى كۆرۈپ، [14]ئۆيدىكى خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا:

**7:39** پەند. 13:7.

ــ قاراڭلار، ئېرىم بىزگە ھاقارەت كەلتۈرسۇن دەپ بىر ئىبرانىي ئادەمنى ئېلىپ كەپتۇ! بۇ ئادەم يېنىمغا كىرىپ: «سەن بىلەن ياتاي» دېۋىدى، قاتتىق ۋارقىرىدىم! [15] ئۇ مېنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغىنىمنى ئاڭلاپ، تونىنى يېنىمغا تاشلاپ، تاشقىرىغا قېچىپ كەتتى، دېدى.

[16] شۇنىڭ بىلەن خوجىسى ئۆيىگە يېنىپ كەلگۈچە ئۇ يۈسۈپنىڭ تونىنى يېنىدا ساقلاپ قويدى. [17] ئاندىن ئۇ ئېرىگىمۇ شۇ گەپنى قىلىپ: ــ سەن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ئىبرانىي قۇل ماڭا ھاقارەت قىلىشقا قېشىمغا كىردى. [18] لېكىن مەن قاتتىق ۋارقىراپ-جارقىرىدىم، ئۇ تونىنى قېشىمدا تاشلاپ، تاشقىرىغا قېچىپ كەتتى، ــ دېدى.

[19] ئۇنىڭ خوجىسى ئايالىنىڭ: ــ سېنىڭ قۇلۇڭ مېنى ئۇنداق-مۇنداق قىلدى، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ غەزىپى ئوتتەك تۇتاشتى. [20] شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپنىڭ خوجىسى ئۇنى تۇتۇپ ئوردا مۇنارلىق زىندانغا قاماپ قويدى. شۇ يەرگە پەقەت پادىشاھنىڭ مەھبۇسلىرى سولىناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ يەردە سولاقتا يېتىپ قالدى.

[21] لېكىن پەرۋەردىگار يۈسۈپ بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭغا شاپائەت كۆرسىتىپ، ئۇنى زىندان بېگىنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات تاپتۇردى. [22] شۇنىڭ بىلەن زىندان بېگى گۇندىخانىدا ياتقان ھەممە مەھبۇسلارنى يۈسۈپنىڭ قولىغا تاپشۇردى. شۇ يەردە قىلىنىدىغان ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ قولى بىلەن بولاتتى. [23] زىندان بېگى يۈسۈپنىڭ قولىدىكى ھېچقانداق ئىشتىن غەم قىلماتتى؛

14:39 **«ئېرىم بىزگە ھاقارەت كەلتۈرسۇن دەپ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئېرىم بىزگە ھاقارەت كەلتۈرسۇن دەپ...». ئايالنىڭ ئېرىگە بولغان بىھۆرمەتلىكى ئېنىق تۇرىدۇ.

20:39 **« يۈسۈپنى تۇتۇپ ئوردا مۇنارلىق زىندانغا قاماپ قويدى»** ــ يۇقىرىقى ئىزاھاتتا ئېيتقىنىمىزدەك، پوتىفار «جاللات بېشى» بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ يۈسۈپنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولاتتى. ئۇنىڭ شۇنداق قىلماسلىقى كۆڭلىدە ئايالىنىڭ گەپلىرىگە گۇمان پەيدا بولغانلىقىغا ئىسپات بولۇشى مۇمكىن. قايسى ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىش خەتىرىگە قالغان ئايال ئۆزىنى بوزەك قىلماقچى كىشىنىڭ كىيىمنى تۇتۇۋېلىشنى خالايتتى؟

**20:39** زەب. 18:105

چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇ ھەرنېمە قىلسا پەرۋەردىگار ئۇنى ئوڭۇشلۇق قىلاتتى.

## يۈسۈپنىڭ زىنداندىكىلەرنىڭ چۈشلىرىگە تەبىر بېرىشى

40 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن مىسىر پادىشاھىنىڭ ساقىيسى ۋە باش ناۋۋىيى مىسىر پادىشاھىنىڭ زىتىغا تېگىپ گۇناھكار بولۇپ قالدى. [2] شۇنىڭ بىلەن پىرەۋن ئۇنىڭ بۇ ئىككى مەنسەپدارىغا، يەنى باش ساقىي ۋە باش ناۋايغا غەزەپلىنىپ، [3] ئۇلارنى پاسىبان بېشىنىڭ سارىيىغا، يۈسۈپ سولاقلىق مۇنارلىق زىندانغا سولاپ قويدى. [4] پاسىبان بېشى يۈسۈپنى ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئۇلارنى كۈتۈشكە تەيىنلىدى. ئۇلار سولاقتا بىرنەچچە كۈن يېتىپ قالدى.

[5] ئۇلار ئىككىسى ــ مىسىر پادىشاھىنىڭ ساقىيسى ۋە ناۋۋىيى گۇندىخانىدا سولاقلىق تۇرغان بىر كېچىدە چۈش كۆردى. ھەربىرىنىڭ چۈشىنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىرى بار ئىدى. [6] ئەتىسى ئەتىگەندە، يۈسۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىۋىدى، ئۇلارنىڭ غەمكىن ئولتۇرغىنىنى كۆردى؛ [7] شۇڭا ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە خوجىسىنىڭ سارىيىدا سولاقلىق ياتقان پىرەۋننىڭ بۇ ئىككى مەنسەپدارىدىن: ــ نېمىشقا چىرايىڭلار بۈگۈن شۇنچە سولغۇن؟ ــ دەپ سورىدى.

[8] ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئىككىمىز بىر چۈش كۆردۇق؛ ئەمما چۈشىمىزنىڭ تەبىرىنى يېشىپ بېرىدىغان كىشى يوق، دېدى. يۈسۈپ ئۇلارغا: ــ چۈشكە تەبىر بېرىش خۇدادىن بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ چۈشۈڭلارنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، ــ دېدى.

[9] بۇنىڭ بىلەن باش ساقىي يۈسۈپكە چۈشىنى ئېيتىپ: ــ چۈشۈمدە

---

3:40 **«پاسىبانلارنىڭ بېشى»** ــ پوتىفار بولسا كېرەك (39:1نى كۆرۈڭ).

8:40 **«چۈشىمىزنىڭ تەبىرىنى يېشىپ بېرىدىغان كىشى يوق»** ــ شۇ دەۋرلەردە مىسىردا «چۈشنى يەشكۈچى» دەيدىغان «ئالاھىدە كەسىپ»تىكى بىر خىل ئادەملەر بار ئىدى.

ئالدىمدا بىر ئۈزۈم تېلى تۇرغۇدەك؛ 10 بۇ ئۈزۈم تېلىنىڭ ئۈچ شېخى
بار ئىكەن. ئۇ بىخ ئۈرۈپ چېچەكلەپ، ساپلىرىدا ئۈزۈم پىشىپ
كېتىپتۇدەك؛ 11 پىرەۋننىڭ قەدەھى قولۇمدا ئىكەن؛ مەن ئۈزۈملەرنى
ئېلىپ پىرەۋننىڭ قەدەھىگە سىقىپ، قەدەھنى ئۇنىڭ قولىغا
سۇنۇپتىمەن، دېدى.
12 يۈسۈپ ئۇنىڭغا جاۋابەن: چۈشىنىڭ تەبىرى شۇدۇركى، بۇ ئۈچ
شاخ ئۈچ كۈننى كۆرسىتىدۇ. 13 ئۈچ كۈن ئىچىدە پىرەۋن قەددىڭنى
رۇسلىتىپ، سېنى مەنسىپىڭگە قايتىدىن تەيىنلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن
سەن بۇرۇن ئۇنىڭغا ساقىي بولغاندەك پىرەۋننىڭ قەدەھىنى ئۇنىڭ
قولىغا سۇنىدىغان بولىسەن. 14 لېكىن ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولغاندا
مېنى يادىڭغا يەتكۈزۈپ، ماڭا شاپائەت كۆرسىتىپ پىرەۋننىڭ
ئالدىدا مېنىڭ توغرامدا گەپ قىلىپ، مېنى بۇ ئۆيدىن چىقارتقايسەن.
15 چۈنكى مەن ھەقىقەتەن ئىبرانىيلارنىڭ زېمىنىدىن ناھەق تۇتۇپ
ئېلىپ كېلىندىم؛ بۇ يەردىمۇ مېنى زىندانغا سالغۇدەك بىر ئىش
قىلمىدىم، — دېدى.
16 باش ناۋاي يۈسۈپنىڭ شۇنداق ياخشى تەبىر بەرگىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا
مۇنداق دېدى: — مەنمۇ ئۆزۈمنى چۈشۈمدە كۆردۈم: مانا، بېشىمدا ئاق نان
بار ئۈچ سېۋەت بار ئىكەن. 17 ئەڭ ئۈستۈنكى سېۋەتتە ناۋايلار پىرەۋنگە
پىشۇرغان ھەرخىل نازۇنېمەتلەر بار ئىكەن؛ لېكىن قۇشلار بېشىمدىكى
ئۇ سېۋەتتىكى نەرسىلەرنى يەپ كېتىپتۇدەك، — دېدى.
18 يۈسۈپ جاۋابەن: — چۈشىنىڭ تەبىرى شۇدۇركى: — بۇ ئۈچ سېۋەت
ئۈچ كۈننى كۆرسىتىدۇ. 19 ئۈچ كۈن ئىچىدە پىرەۋن سېنىڭ بېشىڭنى
كېسىپ، جەسىتىڭنى دەرەخكە ئاسىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن
ئۇچارقاناتلار كېلىپ گۆشۈڭنى يەيدىكەن، — دېدى.

---

13:40 **«پىرەۋن قەددىڭنى رۇسلىتىپ...»** — ئىبرانىي تىلدا: — «پىرەۋن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ...».

19:40 **«پىرەۋن سېنىڭ بېشىڭنى كېسىپ،...»** — ئىبرانىي تىلدا: «پىرەۋن بېشىڭنى ئۈستۈڭدىن كۆتۈرۈپ،...». مۇشۇ سۆزلەرنى 13-ئايەت بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.

[20] ئۈچىنچى كۈنى شۇنداق بولدىكى، پىرەۋننىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاچقا، ئۇ ھەممە خىزمەتكارلىرى ئۈچۈن بىر زىياپەت قىلىپ بەردى، شۇنداقلا دەرۋەقە خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا باش ساقىيىنىڭ بېشىنى كۆتۈردى ۋە باش ناۋايىنىڭ بېشىنى ئالدى؛ [21] ئۇ باش ساقىينى قايتىدىن ئۆز مەنسىپىگە تەيىنلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ پىرەۋننىڭ قەدەھىنى ئۇنىڭ قولىغا قايتىدىن سۇنىدىغان بولدى. [22] لېكىن باش ناۋايىنى بولسا يۈسۈپ ئۇلارغا تەبىر بەرگەندەك ئېسىۋەتتى. [23] ئەمما باش ساقىي يۈسۈپنى ھېچ ئەسلىمەي، ئەكسىچە ئۇنى ئۇنتۇپ قالدى.

## يۈسۈپنىڭ پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشى

41 [1] تويتوغرا ئىككى يىل ئۆتۈپ، پىرەۋن بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ نىل دەرياسىنىڭ بويىدا تۇرغۇدەك. [2] ھەم چىرايلىق ھەم سېمىز يەттە تۇياق ئىنەك دەريادىن چىقىپ، قومۇشلۇقتا ئوتلاپتۇدەك. [3] ئاندىن يەنە يەتتە تۇياق ئىنەك دەريادىن چىقىپتۇ؛ ئۇلار سەت ھەم ئورۇق بولۇپ، ئالدىنقى ئىنەكلەرنىڭ يېنىدا، دەريانىڭ بويىدا تۇرۇپتۇ. [4] بۇ سەت ھەم ئورۇق ئىنەكلەر ئۇ يەتتە چىرايلىق ھەم سېمىز ئىنەكلەرنى يەۋېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا پىرەۋن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. [5] ئۇ يەنە ئۇخلاپ، ئىككىنچى قېتىم چۈش كۆردى: ــ مانا، بىر تۈپ بۇغداي شېخىدىن توق ۋە چىرايلىق يەتتە باشاق چىقىپتۇ. [6] ئۇلاردىن كېيىن يەنە يەتتە باشاق چىقىپتۇ؛ ئۇلار ھەم ئورۇق ۋە پۇچەك بولۇپ، شەرق شامىلىدا سولىشىپ قالغانىدى. [7] بۇ ئورۇق باشاقلار ئۇ يەتتە سېمىز، توق باشاقنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن پىرەۋن ئويغىنىپ كېتىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ چۈشى ئىكەن.

20:40 **«بېشىنى ئالدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇ ئىبارە «بېشىنى كۆتۈردى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن بۇ «باش كۆتۈرۈش» ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئەمەس، بەلكى كاللىسىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**1:41** زەب. 19:105

[8]ئەتىسى ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولۇپ، مىسىردىكى ھەممە
پالچى-جادۇگەرلەر بىلەن بارلىق دانىشمەنلەرنى چاقىرتىپ كەلدى.
پىرەۋن ئۆز چۈشىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردى؛ لېكىن ھېچكىم پىرەۋنگە
چۈشلەرنىڭ تەبىرىنى دەپ بېرەلمىدى.
[9]ئۇ چاغدا باش ساقىي پىرەۋنگە: — بۈگۈن مېنىڭ ئۆتكۈزگەن
خاتالىقلىرىم ئېسىمگە كەلدى. [10]بۇرۇن پىرەۋن جانابلىرى قۇللىرىغا،
يەنى پېقىر ۋە باش ناۋايغا ئاچچىقلىنىپ، بىزنى پاسىبان بېشىنىڭ
سارىيىدا سولاققا تاشلىغانىدىلا؛ [11]شۇ چاغلاردا ھەربىرىمىز بىر
كېچىدە بىردىن چۈش كۆردۇق؛ ھەر قايسىمىز كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرى
باشقا-باشقا ئىدى. [12]شۇ يەردە بىز بىللە پاسىبان بېشىنىڭ
قۇلى بولغان بىر ئىبرانىي يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭغا چۈشلىرىمىزنى
ئېيتىۋىدۇق، ئۇ بىزگە چۈشلىرىمىزنىڭ تەبىرىنى بايان قىلدى؛ ئۇ
ھەربىرىمىزنىڭ كۆرگەن چۈشىگە قاراپ تەبىر بەرگەنىدى. [13]شۇنداق
بولدىكى، ئىشلار دەل ئۇنىڭ بەرگەن تەبىرىدە دېيىلگەندەك يۈز بەردى؛
جانابلىرى پېقىرنى ئۆز مەنسىپىمگە قايتىدىن تەيىنلىدىلە، باش
ناۋاينى دارغا ئاستىلا، — دېدى.
[14]شۇنىڭ بىلەن پىرەۋن ئادەم ئەۋەتىپ، يۈسۈپنى چاقىردى؛ ئۇلار
دەرھال ئۇنى زىنداندىن چىقاردى. يۈسۈپ بۇرۇت-ساقىلىنى چۈشۈرۈپ،
كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، پىرەۋننىڭ ئالدىغا كىردى. [15]پىرەۋن
يۈسۈپكە: — مەن بىر چۈش كۆردۇم، ئەمما ئۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ
بېرەلەيدىغان ھېچكىم چىقمىدى. ئاڭلىسام، سەن چۈشكە تەبىر
بېرەلەيدىكەنسەن، — دېدى.
[16]يۈسۈپ پىرەۋنگە جاۋاب بېرىپ: — تەبىر بېرىش ئۆزۈمدىن ئەمەس؛
لېكىن خۇدا پىرەۋنگە خاتىرجەملىك بېرىدىغان بىر جاۋاب بېرىدۇ،

---

**8:41** **«ئۇنىڭ كۆڭلى»** — ئىبرانىي تىلدا: — «ئۇنىڭ روھى».

**11:41** دان. 2:2.

**14:41** زەب. 20:105؛ دان. 25:2.

— دېدى.
17 پىرەۋن يۈسۈپكە: — چۈشۈمدە مەن دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپتىمەن.
18 قارىسام، دەريادىن ھەم سېمىز ھەم چىرايلىق يەتتە تۇياق ئىنەك چىقىپ
قومۇشلۇقتا ئوتلاپتۇ. 19 ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن ئاجىز، تولىمۇ سەت ھەم
ئورۇق يەتتە تۇياق ئىنەك چىقىپتۇ. مەن مىسىر زېمىنىدا شۇنداق سەت
ئىنەكلەرنى كۆرگەن ئەمەسمەن. 20 بۇ ئورۇق، ئەسكى ئىنەكلەر بولسا ئاۋۋالقى
يەتتە سېمىز ئىنەكنى يەۋېتىپتۇ. 21 ئۇلارنى يەۋەتكەن بولسىمۇ، قورسىقىغا
بىرنېمىنىڭ كىرگەنلىكى ھېچ ئايان بولماپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى بەلكى
بۇرۇنقىدەك سەت ئىمىش. ئاندىن مەن ئويغىنىپ كەتتىم.
22 ئاندىن يەنە بىر چۈش كۆردۈم، مانا بىر شاختىن يەتتە ھەم توق ھەم
چىرايلىق باشاق چىقىپتۇ. 23 ئاندىن يەنە يەتتە پۇچەك، ئورۇق باشاق
چىقىپتۇ؛ ئۇلار شەرق شامىلى بىلەن سولىشىپ قۇرۇپ كېتىپتۇ. 24 بۇ
ئورۇق باشاقلار يەتتە چىرايلىق باشاقنى يەپ كېتىپتۇ. مەن بۇ ئىشنى
پالچى-جادۇگەرلەرگە دەپ بەرسەم، ماڭا تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىدىغان
ھېچ كىشى چىقمىدى، — دېدى.
25 يۈسۈپ پىرەۋنگە: — جانابلىرى پىرەۋنىنىڭ چۈشلىرى بىر مەنىدىدۇر.
خۇدا ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى پىرەۋنگە ئالدىن بىلدۈردى.
26 بۇ يەتتە ياخشى ئىنەك يەتتە يىلنى كۆرسىتىدۇ؛ يەتتە ياخشى
باشاقمۇ يەتتە يىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چۈشلەر ئوخشاش بىر چۈشتۇر.
27 ئۇلاردىن كېيىن چىققان يەتتە ئورۇق، يامان سەت ئىنەك يەتتە يىلنى
كۆرسىتىدۇ؛ شەرق شامىلى بىلەن سولىشىپ قالغان يەتتە قۇرۇق
باشاقمۇ شۇنداق بولۇپ، ئاچارچىلىق بولىدىغان يەتتە يىلدۇر. 28 مەن
پىرەۋنگە دەيدىغان سۆزۈم شۇكى، خۇدا يېقىندا قىلماقچى بولغان
ئىشنى پىرەۋنگە ئايان قىلدى. 29 مانا، پۈتكۈل مىسىر زېمىنىدا يەتتە
يىلغىچە مەمۇرچىلىق بولىدۇ؛ 30 ئاندىن يەتتە يىلغىچە ئاچارچىلىق

16:41 **«خاتىرجەملىك بېرىدىغان بىر جاۋاب»** — ياكى «ئامان-ئېسەنلىككە ئېلىپ بارىدىغان بىر جاۋاب.».

17:41 **«دەريا»** — نىل دەرياسى. مىسىرلىقلارغا نىسبەتەن پەقەت بىر دەريا، يەنى نىل دەرياسىلا باردۇر.

بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مىسىر زېمىنىدا پۈتكۈل مەمۇرچىلىقنى
ئۇنتۇتقۇزىدىغان ئاچارچىلىق زېمىننى ۋەيران قىلىدۇ. 31 كېلىدىغان
ئاچارچىلىقنىڭ سەۋەبىدىن زېمىندا بولغان مەمۇرچىلىق
كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؛ چۈنكى ئاچارچىلىق
تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ. 32 لېكىن چۈشنىڭ ياندۇرۇلۇپ، پىرەۋنگە ئىككى
قېتىم كۆرۈنگىنىنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، بۇ ئىش خۇدا تەرىپىدىن
بېكىتىلگەن بولۇپ، خۇدا ئۇنى پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.
33 ئەمدى پىرەۋن ئۆزى ئۈچۈن پەم-پاراسەتلىك ھەم دانا بىر كىشىنى
تېپىپ، مىسىر زېمىنىغا قويسۇن. 34 پىرەۋن شۇنداق قىلسۇنكى،
مەمۇرچىلىق بولغان يەتتە يىلدا مىسىر زېمىنىدىن چىققان
ئاشلىقنىڭ بەشتىن بىرىنى توپلاڭلار دەپ زېمىنغا نازارەتچىلەرنى
تەيىنلىسۇن. 35 بۇلار شۇ كېلىدىغان توقچىلىق يىللىرىدا بارلىق
ئاشلىقنى توپلاپ، شەھەر-شەھەرلەردە يېمەكلىك بولسۇن دەپ
بۇغداي-قوناقلارنى پىرەۋننىڭ قول ئاستىغا جەم قىلىپ ساقلىتىپ
قويسۇن. 36 يىغىلغان شۇ ئاشلىقلار مىسىر زېمىنىدا بولىدىغان يەتتە
يىللىق ئاچارچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ساقلانسۇن؛ شۇ تەرىقىدە
زېمىن ئاچارچىلىقتىن ھالاك بولمايدۇ، ــ دېدى.

## يۈسۈپنىڭ مىسىرنى ئىدارە قىلىشى

37 بۇ سۆز پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ نەزىرىگە تازا ياقتى.
38 شۇنىڭ بىلەن پىرەۋن خىزمەتكارلىرىغا: ــ بۇ كىشىدەك، ئىچىدە
خۇدانىڭ روھى بار يەنە بىرسىنى تاپالامدۇق؟! ــ دېدى.
39 پىرەۋن يۈسۈپكە: ــ خۇدا ساڭا بۇنىڭ ھەممىسىنى ئايان قىلغانىكەن،
سەندەك پەملىك ھەم دانا ھېچكىم چىقمايدۇ. 40 سەن ئەمدى مېنىڭ
ئۆيۈمنى باشقۇرۇشقا بېكىتىلدىڭ، بارلىق خەلقىم سېنىڭ ئاغزىڭغا
قاراپ ئۆزلىرىنى تەرتىپكە تىزسۇن. پەقەت تەختتىلا مەن سەندىن

**37:41** روس. 10:7.

**38:41** زەب. 22-20:105

ئۈستۈن تۇرىمەن، ــ دېدى.
41 ئاخىرىدا پىرەۋن يۈسۈپكە: ــ مانا، مەن سېنى پۈتكۈل مىسىر زېمىنىنىڭ ئۈستىگە تەيىنلىدىم، ــ دېدى.
42 بۇنىڭ بىلەن، پىرەۋن ئۆز قولىدىن مۆھۈر ئۈزۈكىنى چىقىرىپ، يۈسۈپنىڭ قولىغا سالدى؛ ئۇنىڭغا نەپىس كاناپ رەختتىن تىكىلگەن لىباسنى كىيگۈزۈپ، بوينىغا بىر ئالتۇن زەنجىر ئېسىپ قويدى. 43 ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى شاھانە ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا: «تىز پۈكۈڭلار!» ــ دەپ جار سالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، پىرەۋن ئۇنى پۈتكۈل مىسىر زېمىنىغا تىكلەپ قويدى. 44 ئاندىن پىرەۋن يۈسۈپكە يەنە: ــ مەن دېگەن پىرەۋندۇرمەن؛ پۈتكۈل مىسىر زېمىنىدا سەنسىز ھېچكىم قول-پۇتىنى مىدىرلاتمىسۇن! ــ دېدى.
45-46 پىرەۋن يۈسۈپكە زافىنات-پائانىياھ دېگەن نامنى بەردى ۋە ئون شەھىرىدىكى كاھىن پوتىفىراھنىڭ قىزى ئاسىناتنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ پۈتكۈل مىسىر زېمىنىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن چۆرگىلەشكە چىقتى. يۈسۈپ مىسىر پادىشاھى پىرەۋنىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا بېكىتىلگەندە ئوتتۇز ياشتا ئىدى؛ ئۇ پىرەۋنىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، مىسىر زېمىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.
47 مەمۇرچىلىق بولغان يەتتە يىل ئىچىدە زېمىنىنىڭ ھوسۇلى دۆۋە-دۆۋە بولدى. 48 يەتتە يىلدا ئۇ مىسىر زېمىنىدىن چىققان ئاشلىقنى يىغىپ، شەھەر-شەھەرگە توپلىدى؛ ھەرقايسى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى

---

40:41 **«تەرتىپكە تىزسۇن»** ــ ياكى «بويسۇنىدۇ».

**40:41** زەب. 105:21-22

44:41 **«مەن دېگەن پىرەۋندۇرمەن؛ پۈتكۈل مىسىر زېمىنىدا سەنسىز ھېچكىم قول-پۇتىنى مىدىرلاتمىسۇن!»** ــ ياكى «مەن پىرەۋندۇرمەن؛ لېكىن پۈتكۈل مىسىر زېمىنىدا سېنىڭ رۇخسىتىڭسىز ھېچكىم قول-پۇتىنى مىدىرلاتمىسۇن!».

45:41-46 **«زافىنات-پائانىياھ»** ــ مەنىسى «خۇدانىڭ سۆز قىلىشى بىلەن ئۇ (يۈسۈپنى دېمەكچى) ھايات تۇرىدۇ» دېگەن بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسى»

47:41 **«دۆۋە-دۆۋە»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «چاڭگال-چاڭگال».

ئېتىزلىقنىڭ ئاشلىقىنى ئۇ شۇ شەھەرنىڭ ئۆزىگە جۇغلاپ قويدى.
[49] شۇ تەرىقىدە يۇسۇپ دېڭىزدىكى قۇمدەك ناھايىتى كۆپ ئاشلىق
توپلىدى؛ ئاشلىق ھەددى-ھېسابسىز بولغاچقا، ئۇلار ھېسابلاشنى
توختاتتى.
[50] ئاچارچىلىق يىللىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن يۇسۇپكە ئىككى
ئوغۇل تۆرەلدى. بۇلارنى ئوندىكى كاھىن پوتىفەراھنىڭ قىزى ئاسىنات
ئۇنىڭغا تۇغۇپ بەردى. [51] يۇسۇپ: «خۇدا پۈتۈن جاپا-مۇشەققىتىم ۋە
ئاتامنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈۋەتتى» دەپ تۇنجى
ئوغلىغا ماناسسەھ دەپ ئات قويدى؛ [52] ئاندىن: «مەن ئازاب-ئوقۇبەت
چەككەن يۇرتتا خۇدا مېنى مېۋىلىك قىلدى» دەپ ئىككىنچىسىگە
ئەفرائىم دەپ ئات قويدى.
[53] مىسىر زېمىنىدا مەمۇرچىلىق بولغان يەتتە يىل ئاياغلاشتى.
[54] ئاندىن يۇسۇپنىڭ ئېيتقىنىدەك ئاچارچىلىقنىڭ يەتتە يىلى
باشلاندى. ئۇ چاغلاردا باشقا بارلىق يۇرتلاردىمۇ ئاچارچىلىق بولدى؛
لېكىن مىسىر زېمىنىدىكى ھەر يەرلەردە نان بار ئىدى. [55] ئاچارچىلىق
پۈتكۈل مىسىر زېمىنىنى باسقاندا، خەلق ئاشلىق سوراپ پىرەۋنگە
پەرياد قىلدى. پىرەۋن مىسىرلىقلارنىڭ ھەممىسىگە: ــ يۇسۇپنىڭ
قېشىغا بېرىپ، ئۇ سىلەرگە نېمە دېسە، شۇنى قىلىڭلار، ــ دېدى.
[56] ئاچارچىلىق پۈتكۈل يەر يۈزىنى بېسىپ كەتتى. يۇسۇپ ھەر يەردىكى
ئامبارلارنى ئېچىپ، مىسىرلىقلارغا ئاشلىق ساتاتتى؛ ئاچارچىلىق
مىسىر زېمىنىدا ئىنتايىن ئېغىر بولغىلى تۇردى. [57] ئاچارچىلىق
پۈتكۈل يەر يۈزىنى باسقان بولغاچقا، بارلىق يۇرتلاردىكى خەلقمۇ
ئاشلىق ئالغىلى مىسىرغا يۇسۇپنىڭ قېشىغا كېلەتتى.

---

**50:41** يار. 20:46؛ 5:48.

**51:41 «ماناسسەھ»** ــ مەنىسى «ئۇنتۇلدۇرغان».

**52:41 «ئەفرائىم»** ــ مەنىسى «ئىككى ھەسسە مېۋىلىك».

**54:41** يار. 6:45؛ زەب. 105:16-17

## يۇسۇپنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىسىرغا ئاشلىق ئالغىلى بېرىشى

42 1 ئەمدى ياقۇپ مىسىردا ئاشلىق بارلىقىنى بىلگىنىدە
ئوغۇللىرىغا: ــ نېمىشقا بىر-بىرىڭلارغا قارىشىپ
تۇرىسىلەر؟ ــ دېدى.
2 ئاندىن يەنە: ــ ماڭا قاراڭلار، ئاڭلىشىمچە مىسىردا ئاشلىق بار
ئىكەن. ئۇ يەرگە بېرىپ، ئاندىن شۇ يەردىن بىزگە ئاشلىق ئېلىپ
كېلىڭلار؛ بۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ كەتمەي، تىرىك قالىمىز، ــ دېدى.
3 بۇنىڭ بىلەن يۇسۇپنىڭ ئون ئاكىسى ئاشلىق سېتىۋالغىلى مىسىرغا
يولغا چىقتى. 4 لېكىن ياقۇپ يۇسۇپنىڭ ئىنىسى بىنيامىنىنىڭ بىرەر
يامانلىققا ئۇچراپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئاكىلىرى بىلەن بىللە
ئەۋەتمىدى. 5 شۇنىڭدەك ئاچارچىلىق قانائان زېمىنىدىمۇ يۈز بەرگەچكە،
ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى ئاشلىق ئالغىلى كەلگەنلەر ئارىسىدا بار ئىدى.
6 يۇسۇپ زېمىنىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ، يۇرتنىڭ بارلىق خەلقىگە
ئاشلىق سېتىپ بەرگۈچى شۇ ئىدى. يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى كېلىپ
ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلدى. 7 يۇسۇپ
ئاكىلىرىنى كۆرۈپلا ئۇلارنى تونۇدى؛ لېكىن ئۇ تونۇشلۇق بەرمەي،
ئۇلارغا قوپال تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ: ــ قەيەردىن كەلدىڭلار، دەپ
سورىدى. ئۇلار جاۋابەن: ــ قانائان زېمىنىدىن ئاشلىق ئالغىلى
كەلدۇق، ــ دېدى.

---

**2:42** روس. 12:7.

**3:42 «يۇسۇپنىڭ ئون ئاكىسى ... مىسىرغا يولغا چىقتى»** ــ ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىسىرغا بېرىشى ئائىلىسىنىڭ ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك؛ بارىدىغان خىزمەتچىلىرىمۇ قالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

**6:42 «يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلدى»** ــ بۇ ئىش بىلەن يۇسۇپنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تېخى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىدى؛ ئاتىسى ياقۇپ، ئىنىسى بىنيامىن ۋە ئۆگەي ئانىسىنىڭ مىسىرغا كېلىشى بىلەن كۆرگەن چۈشلىرى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

**6:42** يار. 7:37.

[8]يۈسۈپ ئاكىلىرىنى تونۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنى تونۇمىدى.
[9]يۈسۈپ ئەمدى ئۇلار توغرىسىدا كۆرگەن چۈشلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ،
ئۇلارغا: — سىلەر جاسۇس، بۇ ئەلنىڭ مۇداپىئەسىز جايلىرىنى
كۆزەتكىلى كەلدىڭلار، — دېدى.
[10]ئەمما ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: — ئەي خوجام، ئۇنداق ئەمەس!
بەلكى كەمىنىلىرى ئاشلىق سېتىۋالغىلى كەلدى! [11]بىز ھەممىمىز
بىر ئادەمنىڭ ئوغۇللىرى، سەمىمىي ئادەملەرمىز. كەمىنىلىرى
جاسۇس ئەمەس! — دېدى.
[12]ئۇ ئۇلارغا يەنە: — ئۇنداق ئەمەس! بەلكى زېمىنىنىڭ مۇداپىئەسىز
جايلىرىنى كۆرگىلى كەلدىڭلار، — دېدى.
[13]ئۇلار جاۋاب بېرىپ: — كەمىنىلىرى ئەسلىدە ئون ئىككى
قېرىنداش ئىدۇق؛ بىز ھەممىمىز قانائان زېمىنىدىكى بىر ئادەمنىڭ
ئوغۇللىرىدۇرمىز؛ لېكىن كەنجى ئىنىمىز ئاتىمىزنىڭ قېشىدا قېلىپ
قالدى؛ يەنە بىر ئىنىمىز يوقاپ كەتتى، — دېدى.
[14]ئەمما يۈسۈپ ئۇلارغا يەنە: — مانا مەن دەل سىلەرگە ئېيتقىنىمدەك،
جاسۇس ئىكەنسىلەر! [15]پىرەۋننىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
كىچىك ئىنىڭلار بۇ يەرگە كەلمىگۈچە سىلەر بۇ يەردىن چىقىپ
كېتەلمەيسىلەر؛ سىلەر شۇنىڭ بىلەن سىنىلىسىلەر. [16]ئىنىڭلارنى
ئېلىپ كەلگىلى بىرىڭلارنى ئەۋەتىڭلار، قالغانلىرىڭلار بولسا سولاپ
قويۇلىسىلەر. بۇنىڭ بىلەن ئېيتقىنىڭلارنىڭ راست-يالغانلىقى
ئىسپاتلىنىدۇ؛ بولمىسا، پىرەۋننىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
سىلەر جەزمەن جاسۇس! — دېدى.

---

**9:42 «ئەلنىڭ مۇداپىئەسىز جايلىرى»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئەلنىڭ يالىڭاچ جايلىرى».

**9:42** يار. 5:37.

**13:42** يار. 29:43.

**14:42 «مانا مەن دەل سىلەرگە ئېيتقىنىمدەك، جاسۇس ئىكەنسىلەر!»** — يۈسۈپنىڭ بۇنى دېگىنىدىكى مەنتىقە بەلكىم «كىم ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بىراقلا مىسىرغا بارىدىغان خەتەرلىك يولغا ماڭدۇراتتى؟!» دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن.

**16:42 «ئېيتقىنىڭلارنىڭ راست-يالغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا «سىلەردە

17 شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنى ئۈچ كۈنگىچە سولاپ قويدى. 18 ئۈچىنچى
كۈنى يۈسۈپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: — مەن خۇدادىن قورقىدىغان
ئادەممەن؛ تىرىك قېلىشىڭلار ئۈچۈن مۇشۇ ئىشنى قىلىڭلار: —
19 ئەگەر سەممىمىي ئادەملەر بولساڭلار، قېرىنداشلىرىڭلاردىن بىرى
سىلەر سولانغان گۇندىخانىدا سولاقلىق تۇرىۋەرسۇن، قالغىنىڭلار
ئاچارچىلىقتا قالغان ئائىلەڭلار ئۈچۈن ئاشلىق ئېلىپ كېتىڭلار؛
20 ئاندىن كىچىك ئىنىڭلارنى قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار. شۇنىڭ
بىلەن سۆزلىرىڭلار ئىسپاتلانسا، ئۆلمەيسىلەر!،— دېدى. ئۇلار شۇنداق
قىلىدىغان بولدى.
21 ئاندىن ئۇلار ئۆزئارا: — بەرھەق، بىز ئىنىمىزغا قىلغان ئىشىمىز
بىلەن گۇناھكار بولۇپ قالدۇق؛ ئۇ بىزگە يالۋۇرسىمۇ ئۇنىڭ ئازابىنى
كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئازاب-
ئوقۇبەت بېشىمىزغا چۈشتى، — دېيىشتى.
22 رۇبەن ئۇلارغا جاۋابەن: — مەن سىلەرگە: بالىغا زۇلۇم قىلماڭلار،
دېگەن ئەمەسمىدىم؟ لېكىن ئۇنىمىدىڭلار. مانا ئەمدى ئۇنىڭ
قان قەرزى بىزدىن سورىلىۋاتىدۇ، — دېدى.
23 ئەمما يۈسۈپ ئۇلار بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشكەچكە، ئۇلار
يۈسۈپنىڭ ئۆز گەپلىرىنى ئۇقۇپ تۇرۇۋاتقىنىنى بىلمىدى. 24 ئۇ ئۇلاردىن
ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، يىغلاپ كەتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا يېنىپ
كېلىپ، ئۇلارغا يەنە سۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن شىمېئوننى
تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا باغلىدى.

## يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ قانائانغا قايتىشى

25 ئاندىن يۈسۈپ ئەمر چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تاغارلىرىغا ئاشلىق
تولدۇرۇپ، ھەر بىرسىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ تاغىرىغا سېلىپ قويۇپ،

ھەقىقەت بار-يوقلۇقى ئىسپاتلىنىدۇ».

20:42 يار. 5:43؛ 23:44.

22:42 يار. 37:21،22.

سەپەر ھازىرلىقلىرىمۇ بېرىلسۇن دەپ بۇيرۇۋىدى، ئۇلارغا شۇنداق قىلىندى. [26] شۇنىڭ بىلەن ئاكىلىرى ئېشەكلىرىگە ئاشلىقلىرىنى ئارتىپ، شۇ يەردىن كەتتى.

[27] ئەمما ئۆتەڭگە كەلگەندە ئۇلاردىن بىرى ئېشىكىگە يەم بەرگىلى تاغىرىنى ئېچىۋىدى، مانا، ئۆز پۇلى تاغارنىڭ ئاغزىدا تۇراتتى. [28] ئۇ قېرىنداشلىرىغا: ــ مېنىڭ پۇلۇمنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. مانا ئۇ تاغىرىمدا تۇرىدۇ، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ، تىترىشىپ بىر-بىرىگە: ــ بۇ خۇدانىڭ بىزگە زادى نېمە قىلغىنىدۇ؟ ــ دېيىشتى.

[29] ئۇلار قانائان زېمىنىغا، ئاتىسى ياقۇپنىڭ قېشىغا كېلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ: [30]
ــ ھېلىقى كىشى، يەنى شۇ زېمىنىنىڭ خوجىسى بىزگە قوپال گەپ قىلدى، بىزگە زېمىننى پايلىغۇچى جاسۇستەك مۇئامىلە قىلدى؛
[31] ئەمدى بىز ئۇنىڭغا: «بىز بولساق سەمىمىي ئادەملەرمىز، جاسۇس ئەمەسمىز. [32] بىز بىر ئاتىدىن بولغان ئوغۇللار بولۇپ، ئون ئىككى ئاكا-ئۇكا ئىدۇق؛ بىرى يوقاپ كەتتى، كىچىك ئىنىمىز ھازىر قانائان زېمىنىدا ئاتىمىزنىڭ يېنىدا قالدى» دېسەك، [33] ھېلىقى كىشى، يەنى شۇ زېمىنىنىڭ خوجىسى بىزگە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ سىلەرنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىشىم ئۈچۈن، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ بىرىنى مېنىڭ يېنىمدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئاچ قالغان ئائىلەڭلار ئۈچۈن ئاشلىق ئېلىپ كېتىڭلار؛ [34] ئاندىن كىچىك ئىنىڭلارنى قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرنىڭ جاسۇس ئەمەس، بەلكى سەمىمىي ئادەملەر ئىكەنلىكىڭلارنى بىلەلەيمەن. ئاندىن قېرىندىشىڭلارنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىمەن ۋە سىلەر زېمىندا سودا-سېتىق قىلساڭلار بولىدۇ» ــ دېدى.

[35] ئەمما شۇنداق بولدىكى، ئۇلار تاغارلىرىنى تۆككەندە، مانا

34:42 **«زېمىن»** ــ مىسىر زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ.

هەربىرىنىڭ پۇلدىنى ئۆز تاغارلىرىدا تۇراتتى! ئۇلار ۋە ئاتىسى ئۆزلىرىنىڭ چىگىكلىك پۇللىرىنى كۆرگەندە، قورقۇپ قېلىشتى.
[36] ئاتىسى ياقۇپ ئۇلارغا: ــ مېنى ئوغلۇمدىن جۇدا قىلدىڭلار! يۈسۈپ يوق بولدى، شىمېئونمۇ يوق، ئەمدى بىنيامىنىنىمۇ ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسىلەر! مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بېشىمغىلا كەلدى! ــ دېدى.
[37] رۇبەن ئاتىسىغا: ــ ئەگەر مەن بىنيامىننى قېشىڭغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلمىسەم، مېنىڭ ئىككى ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن؛ ئۇنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرغىن؛ مەن ئۇنى قېشىڭغا ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلىمەن، ــ دېدى.
[38] لېكىن ياقۇپ جاۋاب بېرىپ: ــ ئوغلۇم سىلەر بىلەن بىللە ئۇ يەرگە چۈشمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ ئۆزى يالغۇز قالدى. مۇبادا يولدا كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا بىرەر كېلىشمەسلىك كەلسە، سىلەر مەندەك بىر ئاق چاچلىق ئادەمنى دەرد-ئەلەم بىلەن تەھتىساراغا چۈشۈرۈۋېتىسىلەر، ــ دېدى.

## يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ بىنيامىننى مىسىرغا ئېلىپ بېرىشى

43 [1] ئاچارچىلىق زېمىننى ئىنتايىن ئېغىر باسقانىدى. [2] بۇ سەۋەبتىن ئۇلار مىسىردىن ئېلىپ كەلگەن ئاشلىقنى يەپ تۈگەتكەندە، ئاتىسى ئۇلارغا: ــ يەنە بېرىپ بىزگە ئازغىنا ئاشلىق ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دېدى.
[3] لېكىن يەھۇدا ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ ھېلىقى كىشى بىزنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئىنىڭلار سىلەر بىلەن بىللە كەلمىسە، يۈزۈمنى كۆرمەن دەپ خىيال قىلماڭلار» دېگەن. [4] ئەگەر ئىنىمىزنى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتسەڭ، بىز بېرىپ ساڭا ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز. [5] ئەمما ئەۋەتىشكە ئۇنىمىساڭ، بىز بارمايمىز؛ چۈنكى ھېلىقى كىشى بىزگە:

35:42 يار. 25:42؛ 1:44.

«ئىنىڭلار سىلەر بىلەن بىللە كەلمىسە، يۈزۈمنى كۆرمەن دەپ خىيال
قىلماڭلار» دېگەن، ــ دېدى.
6 ئىسرائىل ئۇلارغا: ــ سىلەر نېمىشقا ماڭا شۇنچە يامانلىق قىلىپ ئۇ
كىشىگە: «يەنە بىر ئىنىمىزمۇ بار» دېدىڭلار، ــ دېدى.
7 ئۇلار جاۋابەن: ــ ئۇ كىشى بىزنىڭ ۋە ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى
سۈرۈشتۈرۈپ كوچىلاپ: «ئاتاڭلار تېخى ھاياتمۇ؟ يەنە بىر ئىنىڭلار
بارمۇ؟» ــ دەپ سورىدى. بىز ئۇنىڭ شۇ سوئالىغا يارىشا جاۋاب بەردۇق.
ئۇنىڭ بىزگە: «ئىنىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار» دەيدىغىنىنى نەدىن
بىلەيلى؟ ــ دېدى.
8 يەھۇدا ئاتىسى ئىسرائىلغا: ــ بالىنى مەن بىلەن ئەۋەتكىن؛ بىز
دەرھال قوزغىلىپ يولغا چىقايلى؛ شۇنداقتا بىز ۋە سەن، بىزلەر ھەم
بالىلىرىمىز ئۆلمەي، تىرىك قالىمىز. 9 مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولىمەن؛
سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭدىن ھېساب ئالىسەن؛ ئەگەر مەن ئۇنى
سېنىڭ قېشىڭغا ئامان-ئېسەن ياندۇرۇپ كېلىپ، يۈزۈڭنىڭ ئالدىدا
تۇرغۇزمىسام، پۈتكۈل ئۆمرۈمدە ئالدىڭدا گۇناھكار بولاي. 10 چۈنكى
ھايال بولمىغان بولساق، بۇ چاغقىچە ئىككى قېتىم بېرىپ
كېلەتتۇق، ــ دېدى.
11 ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئىسرائىل ئۇلارغا: ــ ئۇنداق بولسا، مۇنداق قىلىڭلار:
ــ ئۇ كىشىگە قاچا-قۇچاڭلارغا زېمىندىكى ئەڭ ئېسىل مېۋىلەردىن
سوۋغات ئالغاچ بېرىڭلار: يەنە ئازغىنا تۈتىيا، ئازراق ھەسەل، دورا-
دەرمانلار، مۇرمەككى، پىستە ۋە باداملارنى ئالغاچ بېرىڭلار. 12 قولۇڭلاردا
ئىككى ھەسسە پۇل ئېلىپ، تاغارلىرىڭلارنىڭ ئاغزىدىكى ئۆزۈڭلارغا
ياندۇرۇلغان پۇلنىمۇ ئالغاچ بېرىڭلار. ئېھتىمال، بۇ ئىشتا سەۋەنلىك
كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. 13 ئىنىڭلارنىمۇ بىللە ئېلىپ، قوزغىلىپ ئۇ
كىشىنىڭ يېنىغا يەنە بېرىڭلار. 14 ھەممىگە قادىر تەڭرى ئۆزى سىلەرنى

---

**5:43** يار. 20:42؛ 23:44؛

**9:43** **«مېنىڭدىن ھېساب ئالىسەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مېنىڭ قولۇمدىن ھېساب ئالىسەن».

**9:43** يار. 32:44.

ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا رەھىمگە ئېرىشتۈرگەي. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سىلەرنىڭ شۇ يەردىكى قېرىندىشىڭلارنى ۋە بىنيامىننى قويۇپ بېرىپ، سىلەرگە قوشۇپ قويارمىكىن؛ ئۆزۈم ناۋادا بالىلىرىمدىن جۇدا بولسام بولاي! ــ دېدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەملەر شۇ سوۋغاتنى ئېلىپ، قوللىرىغا ئىككى ھەسسە پۇلنى تۇتۇپ، بىنيامىننى ئېلىپ قوزغىلىپ، مىسىرغا بېرىپ يۈسۈپنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. [16] يۈسۈپ بىنيامىننى ئۇلار بىلەن بىللە كۆرگىنىدە، ئۆز ئۆيىنى باشقۇرىدىغان غوجىدارىغا بۇيرۇپ: ــ بۇ ئادەملەرنى ئۆيۈمگە باشلاپ كىرىپ، مال سويۇپ تائام تەييار قىلغىن؛ چۈنكى بۇ كىشىلەر چۈشلۈك غىزانى مەن بىلەن يەيدۇ، ــ دېدى.
[17] ئۇ كىشى يۈسۈپنىڭ بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ، ئادەملەرنى يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. [18] ئۇلار بولسا يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كېلىنگىنىدىن قورقۇشۇپ: ــ ئالدىنقى قېتىم تاغارلىرىمىزغا ياندۇرۇلغان پۇلنىڭ سەۋەبىدىن بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىندۇق؛ ئۇنىڭ مەقسىتى بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈستىمىزدىن بېسىپ قۇل قىلىپ، ئېشەكلىرىمىزنى تارتىۋېلىش ئوخشايدۇ، ــ دېيىشتى.
[19] ئۇلار يۈسۈپنىڭ ئۆيىنى باشقۇرىدىغان غوجىدارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ تۈۋىدە ئۇنىڭغا: ــ
[20] ئەي خوجام، بىز ھەقىقەتەن ئەسلىدە مۇشۇ يەرگە ئاشلىق ئالغىلى كەلگەنىدۇق؛ [21] شۇنداق بولدىكى، بىز ئۆتەڭگە كېلىپ ئۆز تاغارلىرىمىزنى ئاچساق، مانا ھەربىرىمىزنىڭ پۇلى، ئەينى ئېغىرلىقى بويىچە تاغارلىرىمىزنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپتۇ؛ شۇڭا بىز بۇنى ياندۇرۇپ قولىمىزدا ئالغاچ كەلدۇق. [22] ئاشلىق ئالغىلى قولىمىزدا باشقا پۇلمۇ ئېلىپ كەلدۇق؛ ئەمما تاغارلىرىمىزغا پۇلنى كىمنىڭ سېلىپ قويغانلىقىنى بىلمىدۇق، ــ دېدى.
[23] ئۇ ئۇلارغا: ــ خاتىرجەم بولۇڭلار، قورقماڭلار. سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار،

---

**20:43** يار. 3:42.

**21:43** يار. 27:42،35.

ئاتاڭلارنىڭ خۇداسى تاغارلىرىڭلاردا سىلەرگە بايلىق ئاتا قىلغان
ئوخشايدۇ؛ سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنى ئاللىقاچان تاپشۇرۇپ ئالدىم، ــ
دېدى. ئاندىن ئۇ شىمېئوننى ئۇلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ چىقتى. [24] ئۇ
كىشى ئۇلارنى يۇسۇپنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى
يۇيۇشىغا سۇ ئەكىرىپ بېرىپ، ئاندىن ئېشەكلىرىگە يەم بەردى. [25] ئۇلار
يۇسۇپنىڭ چۈشتە كېلىشىگە ئۇلگۇرتۇپ سوۋغاتنى تەييارلاپ قويدى؛
چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ يەردە غىزا يەيدىغىنىنى ئاڭلىغانىدى.
[26] يۇسۇپ ئۆيگە كەلگەندە ئۇلار قوللىرىدىكى سوۋغاتنى ئۆيگە ئۇنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ ئۇنىڭغا تەزىم قىل
دى. [27] ئۇ ئۇلاردىن هال سوراپ، ئاندىن: ــ سىلەر گېپىنى قىلغان قېرى
ئاتاڭلار سالامەتمۇ؟ ئۇ هاياتمۇ؟ ــ دېدى.
[28] ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ سىلىنىڭ قۇللىرى بىزنىڭ ئاتىمىز سالامەت
تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ تېخى هاياتتۇر، ــ دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تەزىم
قىلدى.
[29] يۇسۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆز ئىنىسى بىنيامىننى كۆرۈپ: ــ سىلەر
ماڭا گېپىنى قىلغان كىچىك ئىنىڭلار شۇمۇ؟ ــ دەپ سوراپ: ــ ئەي
ئوغلۇم، خۇدا ساڭا شاپائەت كۆرسەتكەي! ــ دېدى.
[30] يۇسۇپنىڭ ئۆز ئىنىسىغا بولغان سېغىنىش ئوتى قاتتىق كۆچىيىپ،
يىغلىۋالغۇدەك خالىي جاي ئىزدەپ، ئالدىراپ ئىچكىرىكى ئۆيگە
كىرىپ تازا بىر يىغلىۋالدى. [31] ئاندىن يۈزىنى يۇيۇپ چىقىپ، ئۆزىنى
بېسىۋېلىپ: ــ تائاملارنى قويۇڭلار، ــ دەپ بۇيرۇدى.
[32] خىزمەتكارلار يۇسۇپكە ئايرىم، ئۇلارغا ئايرىم ۋە يۇسۇپ بىلەن
بىللە تاماققا كەلگەن مىسىرلىقلارغىمۇ ئايرىم تاماق قويدى؛
چۈنكى مىسىرلىقلار ئىبرانىيلار بىلەن بىر داستىخاندا تاماق

---

**24:43** يار. 4:18.

**26:43** يار. 10:37؛ 6:42.

**29:43** يار. 13:42.

**30:43** يار. 2:45.

يېيىشنى يىرگىنچلىك دەپ قاراپ، ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېمەيتتى.
[33] يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا، ھەربىرى چوڭ-كىچىك تەرتىپى بويىچە ئولتۇرغۇزۇلدى؛ چوڭى چوڭلۇقىغا يارىشا، كىچىكى كىچىكلىكىگە يارىشا ئولتۇرغۇزۇلدى؛ ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ ھەيران قېلىشتى.
[34] يۈسۈپ ئالدىدىكى داستىخاندىكى تاماقلاردىن ئۇلارغا بۆلۈپ بەردى. ئەمما بىنيامىنغا بەرگىنى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا بەش ھەسسە كۆپ ئىدى. ئۇلار شاراب ئىچىپ، ئۇنىڭ بىلەن خۇش كەيپ قىلىشتى.

## يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئاخىرقى قېتىم سىنىشى

44 [1] ئاندىن ئۇ ئۆز ئۆيىنى باشقۇرىدىغان غوجىدارىغا بۇيرۇپ: ــ بۇ كىشىلەرنىڭ تاغارلىرىنى ئېلىپ كۆتۈرەلىگۈدەك ئاشلىق قاچىلاپ، ھەربىرىنىڭ پۇلىنى تاغىرىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغىن؛ [2] ئاندىن مېنىڭ جامىمنى، يەنى كۈمۈش جامنى ئاشلىقىنىڭ پۇلى بىلەن بىللە ئەڭ كىچىكىنىڭ تاغىرىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغىن، ــ دېدى. ئۇ ئادەم يۈسۈپنىڭ دېگىنىدەك قىلدى.
[3] ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا، ئۇلار ئېشەكلىرى بىلەن بىللە يولغا سېلىپ قويۇلدى. [4] لېكىن ئۇلار شەھەردىن چىقىپ ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، يۈسۈپ غوجىدارىغا: ــ ئورنۇڭدىن تۇر، بۇ ئادەملەرنىڭ كەينىدىن قوغلىغىن؛ ئۇلارغا يېتىشكىنىڭدە ئۇلارغا: «نېمىشقا ياخشىلىققا يامانلىق قايتۇردۇڭلار؟ [5] خوجام شۇ جامدا شاراب ئىچىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا پال ئاچىدۇ ئەمەسمۇ؟! مۇنداق قىلغىنىڭلار رەزىللىك قىلغىنىڭلار بولمامدۇ!» دېگىن، ــ دېدى.
[6] بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ بېرىپ، ئۇلارغا بۇ سۆزلەرنى

---

5:44 «خوجام شۇ جامدا شاراب ئىچىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا پال ئاچىدۇ ئەمەسمۇ؟!» ــ يۈسۈپ خۇدانىڭ پەيغەمبىرى بولغاچقا، «پال ئېچىش» قاتارلىق ئىشلارنى قەتئىي قىلمايتتى. ئۇنىڭ گېپى ئاكىلىرىنى سىناش مەقسىتىدە ئېيتىلغان، خالاس.

قىلدى. [7] ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ خوجىمىز نېمىشقا مۇنداق گەپ قىلىدۇ؟ مۇنداق ئىشنى قىلىش كەمىنىلىرىدىن نېرى بولسۇن! [8] بىز ئەسلىدە تاغارلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن تاپقان پۇلنىمۇ قانائان زېمىنىدىن سىلىنىڭ قاشلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ئەكەلگەنىدۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ خوجىلىرىنىڭ ئۆيىدىن ئالتۇن-كۈمۈشنى ئوغرىلايلى؟ [9] كەمىنىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا كىمدىن بۇ جام تېپىلسا، شۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولسۇن، بىزمۇ خوجىمىزنىڭ قۇللىرى بولايلى، ــ دېدى.

[10] غوجىدار جاۋابەن: ــ ئېيتقان سۆزلىرىڭلاردەك بولسۇن؛ جام كىمنىڭ يېنىدىن تېپىلسا، شۇ كىشى قۇلۇم بولۇپ قېلىپ قالسۇن، قالغانلىرىڭلار بىگۇناھ بولىسىلەر، ــ دېدى.

[11] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىراپ-تېنەپ، تاغارلىرىنى يەرگە چۈشۈرۈپ، ھەربىرى ئۆز تاغىرىنى ئېچىپ بەردى. [12] غوجىدار چوڭىنىڭكىدىن باشلاپ كىچىكىنىڭكىگىچە ئاختۇردى، جام بىنيامىننىڭ تاغىرىدىن تېپىلدى. [13] بۇنى كۆرۈپ ئۇلار كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، ھەربىرى ئېشىكىگە قايتىدىن يۈكنى ئارتىپ، شەھەرگە قايتتى.

## يەھۇدانىڭ بىنيامىن ئۈچۈن يېلىنىشى

[14] شۇنداق قىلىپ يەھۇدا ۋە قېرىنداشلىرى يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە كەلدى؛ ئۇ تېخى شۇ يەردە ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىشتى. [15] يۈسۈپ ئۇلارغا: ــ بۇ سىلەرنىڭ زادى نېمە قىلغىنىڭلار؟ مېنىڭدەك ئادەمنىڭ چوقۇم پال ئاچالايدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭلار؟ ــ دېدى.

[16] يەھۇدا جاۋابەن: ــ بىز خوجىمىزغا نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟ نېمە گەپ قىلالايمىز، قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنى ئاقلىيالايمىز؟ خۇدا كەمىنىلىرىنىڭ قەبىھلىكىنى ئاشكارا قىلدى. مانا، بىز ۋە قولىدىن

---

15:44 «مېنىڭدەك ئادەمنىڭ چوقۇم پال ئاچالايدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭلار؟» ــ 5-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

جاملىرى تېپىلغان كىشى ھەممىمىز خوجىمىزغا قۇل بولىدىغان
بولدۇق، ــ دېدى.
17 لېكىن يۈسۈپ: ــ مۇنداق قىلىش مەندىن نېرى بولسۇن! بەلكى جام
كىمنىڭ قولىدىن تېپىلغان بولسا پەقەت شۇ كىشى مېنىڭ قۇلۇم
بولىدۇ. لېكىن قالغانلىرىڭلار ئامان-ئېسەن ئاتاڭلارنىڭ قېشىغا
كېتىڭلار، ــ دېدى.
18 ئاندىن يەھۇدا ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ مۇنداق دېدى: ــ ئەي خوجام،
كەمىنىلىرىگە قۇلاق سېلىپ خوجامنىڭ قۇلىقىغا بىر ئېغىز گەپ
قىلىشقا ئىجازەت بەرگەيلا. غەزەپلىرى كەمىنىلىرىگە تۇتاشمىغاي؛
چۈنكى ئۆزلىرى پىرەۋنگە ئوخشاش ئىكەنلا. 19 ئەسلىدە خوجام
كەمىنىلىرىدىن: «ئاتاڭلار يا ئىنىڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىۋىدىلا،
20 بىز خوجىمىزغا جاۋابەن: «بىزنىڭ بىر قېرى ئاتىمىز بار ۋە ئۇ
قېرىغاندا تاپقان، ياش بىر بالىسىمۇ بار. بۇ بالىنىڭ بىر ئانىسىدىن
بولغان ئاكىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ ئۆزى يالغۇز قالدى؛ ئۇنىڭ ئاتىسى
ئۇنى ئىنتايىن سۆيىدۇ» دېسەك، 21 سىلى كەمىنىلىرىگە: «ئۇنىڭ
ئۆزىنى قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي»
دېدىلە. 22 بىز خوجىمىزغا جاۋاب بېرىپ: «يىگىت ئاتىسىدىن
ئايرىلالمايدۇ؛ ئەگەر ئاتىسىدىن ئايرىلسا، ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ»
دېسەك، 23 سىلى يەنىلا كەمىنىلىرىگە: «ئەگەر كىچىك ئىنىڭلار
سىلەر بىلەن بىللە كەلمىسە، يۈزۈمنى يەنە كۆرمىمىز دەپ خىيال
قىلماڭلار» دېگەنىدىلا. 24 شۇنىڭ بىلەن بىز كەمىنىلىرى ئاتىمىزنىڭ
قېشىغا بارغاندا خوجامنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتتۇق؛ 25 ئاندىن
ئاتىمىز يەنە: «يەنە بېرىپ، بىزگە ئازراق ئاشلىق ئېلىپ كېلىڭلار»

16:44 **«خۇدا كەمىنلىرىنىڭ قەبىھلىكىنى ئاشكارا قىلدى»** ــ يەھۇدانىڭ مۇشۇ گېپى مۇشۇ يەردە بەلكىم يۈسۈپنىڭ جامى تاغارلىرىدىن تېپىلغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆتكەندە ئىنىسى يۈسۈپكە ئۆتكۈزگەن يامانلىقنى كۆرسەتسە كېرەك. يەھۇدا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىنىڭ يۈسۈپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە.

**21:44** يار. 15:42.

**23:44** يار. 3:43، 5

دېۋىدى، [26]بىز جاۋابەن: «بىز شۇ يەرگە قايتىدىن چۈشەلمەيمىز؛ ئەگەر
كىچىك ئىنىمىز بىز بىلەن بىللە بولسا، ئۇنداقتا بارىمىز؛ چۈنكى
كىچىك ئىنىمىز بىز بىلەن بىللە بولمىسا، ئۇ زاتنىڭ يۈزى ئالدىدا
تۇرالمايمىز»، دېدۇق.
[27]سىلىنىڭ قۇللىرى بىزنىڭ ئاتىمىز بىزگە يەنە: «سىلەرگە
مەلۇمكى، ئايالىم ماڭا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىدى. [28]بىرى
مېنىڭ يېنىمدىن چىقىپ، يوق بولۇپ كەتتى؛ مەن: ئۇ جەزمەن تىتما-
تىتما قىلىۋېتىلىپتۇ، دەپ ئويلىدىم، شۇنداقلا ئۇنى بۈگۈنگىچە كۆ
رمىدىم. [29]ئەمدى سىلەر بۇنىمۇ مېنىڭ قېشىمدىن ئېلىپ كېتىپ،
ئۇنىڭغا بىر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالسا، سىلەر مەندەك بىر ئاق
چاچلىق ئادەمنى دەرد-ئەلەم بىلەن تەھتىساراغا چۈشۈرۈۋېتىسىلەر»،
دېگەنىدى. [30]ئەمدى مەن سىلىنىڭ قۇللىرى مېنىڭ ئاتامنىڭ
قېشىغا بارغاندا، شۇ بالا بىز بىلەن بولمىسا ئۇنىڭ جېنى بالىنىڭ
جېنىغا باغلانغان بولغاچقا، [31]شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ بالىنىڭ
يوقلۇقىنى كۆرسە، جەزمەن ئۆلۈپ كېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلىنىڭ
قۇللىرى بىزنىڭ ئاتىمىز بولغان بۇ ئاق چاچنى دەرد-ئەلەم ئىچىدە
تەھتىساراغا چۈشۈرۈۋەتكەن بولىمىز. [32]چۈنكى مەنكى كەمىنىلىرى
ئاتامغا بۇ يىگىت ئۈچۈن كېپىل بولۇپ: «ئەگەر مەن ئۇنى قېشىڭغا
قايتۇرۇپ كەلمىسەم پۈتكۈل ئۆمرۈمدە ئاتامنىڭ ئالدىدا گۇناھكار
بولاي» دېگەنىدىم. [33]شۇڭا ھازىر ئۆتۈنۈپ قالاي، مەنكى كەمىنىلىرى
ئۇ يىگىتنىڭ ئورنىدا خوجامنىڭ قېشىدا قۇل بولۇپ تۇرسام، ئۇ
يىگىت قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە قايتىپ كەتسە!
[34]چۈنكى يىگىت مەن بىلەن بولمىسا، مەن قانداقمۇ ئاتامنىڭ
قېشىغا بارالايمەن؟ ئاتامغا شۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ چۈشۈشىنى

**26:44** **«ئۇ زاتنىڭ يۈزى ئالدىدا تۇرالمايمىز»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شۇ كىشىنىڭ يۈزىنى قايتىدىن كۆرەلمەيمىز».

**28:44** يار. 33:37.

**29:44** يار. 38:42.

**32:44** يار. 9:43.

كۆزۈم كۆرگۈچى بولمىسۇن! ــ دېدى.

## يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئۆزىنى ئاشكارىلىشى

45 [2-1] يۈسۈپ ئۆز يېنىدا تۇرغانلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالماي: ــ
ھەممە ئادەم ئالدىمدىن چىقىرىۋېتىلسۇن! دەپ ۋارقىرىدى.
شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئۆزىنى قېرىنداشلىرىغا ئاشكارا قىلغاندا
ئۇنىڭ قېشىدا ھېچكىم بولمىدى. ئۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى؛
مىسىرلىقلار ئۇنى ئاڭلىدى، پىرەۋننىڭ ئوردىسىكىلەرمۇ بۇنىڭدىن
تېزلا خەۋەر تاپتى. [3] يۈسۈپ قېرىنداشلىرىغا: ــ مەن يۈسۈپ بولىمەن!
ئاتام ھازىر ھاياتمۇ؟! ــ دەپ سورىدى. ئەمما قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا
قاراپ ھودۇقۇپ كېتىپ، ھېچ جاۋاب بېرەلمەي قالدى. [4] لېكىن يۈسۈپ
ئۇلارنى: ــ قېنى، ماڭا يېقىن كېلىڭلار، دەپ چاقىردى. ئۇلار يېقىن كەلدى،
ئۇ يەنە: ــ مەن سىلەرنىڭ ئىنىڭلار، يەنى سىلەر مىسىرغا سېتىۋەتكەن
يۈسۈپ بولىمەن. [5] ئەمدى مېنى مۇشۇ يەرگە سېتىۋەتكىنىڭلار ئۈچۈن
ئازابلانماڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار؛ چۈنكى خۇدا ئادەملەرنىڭ
ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مېنى سىلەردىن بۇرۇن بۇ يەرگە ئەۋەتت
ى. [6] چۈنكى ھازىر زېمىندىكى ئاچارچىلىققا ئىككى يىل بولدى؛ لېكىن
تېخى يەنە بەش يىلغىچە ھېچ تېرىلغۇمۇ بولمايدۇ، ئورمىمۇ بولمايدۇ.
[7] شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە دۇنيادا بىر قالدىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن،
ئۇلۇغ بىر نىجاتلىق كۆرسىتىپ، سىلەرنىڭ تىرىك قۇتۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن
خۇدا مېنى سىلەردىن بۇرۇن بۇ يەرگە ئەۋەتتى. [8] شۇنداق بولغانىكەن،
مېنى مۇشۇ يەرگە ئەۋەتكۈچى سىلەر ئەمەس، بەلكى خۇدادۇر. ئۇ مېنى
پىرەۋنگە ئاتىنىڭ ئورنىدا قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆيىگە خوجا قىلىپ

---

**2-1:45 «مىسىرلىقلار ئۇنى ئاڭلىدى، پىرەۋننىڭ ئوردىسىكىلەرمۇ بۇنىڭدىن تېزلا خەۋەر تاپتى»** ــ ياكى «مىسىرلىقلار، شۇنداقلا پىرەۋننىڭ ئوردىسىدىكىلەر ئۇنى ئاڭلىدى».

**4:45** يار. 28:37؛ زەب. 17:105؛ روس. 7:9، 13.

**5:45** يار. 19:50، 20، 21.

تىكلەپ، پۈتكۈل زېمىنغا باش ۋەزىر قىلىپ قويدى. [9] ئەمدى تېزدىن
ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: ــ سېنىڭ ئوغلۇڭ يۈسۈپ: «خۇدا
مېنى پۈتكۈل مىسىرغا خوجا قىلىپ قويدى. سەن ھايال قىلماي،
مېنىڭ قېشىمغا كەلگىن؛ [10] سەن گوشەن يۇرتىدا تۇرىسەن؛ شۇنىڭ بىلەن
سەن ئۆزۈڭ، ئوغۇللىرىڭ، نەۋرىلىرىڭ، قويلىرىڭ، كالىلىرىڭ ۋە ھەممە
تەئەللۇقاتلىرىڭ بىلەن ماڭا يېقىن تۇرىسىلەر. [11] ئۆزۈڭ، ئائىلەڭ ۋە
ھەممە تەئەللۇقاتىڭنى نامراتلىق بېسىۋالمىسۇن دەپ مەن سېنى شۇ
يەردە باقىمەن؛ چۈنكى يەنە بەش يىل ئاچارچىلىق باردۇر»، دېدى، ــ دەڭلار.
[12] ــ مانا سىلەرنىڭ كۆزلىرىڭلار ۋە ئىنىم بىنيامىننىڭ كۆزلىرى
سىلەرگە گەپ قىلىۋاتقان مېنىڭ ئۆز ئاغزىم ئىكەنلىكىنى
كۆرۈۋاتىدۇ. [13] ئاتامغا مېنىڭ مىسىردىكى بۇ بارلىق شان-شەرىپىم
ھەمدە سىلەرنىڭ بارلىق كۆرگىنىڭلار توغرىسىدا ئېيتىپ، ئاتامنى
تېزدىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دېدى.
[14] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئىنىسى بىنيامىنغا ئېتىپ ئۇنىڭ بوينى رە سېلىپ
يىغلاپ كەتتى؛ بىنيامىنمۇ ئۇنىڭ بوينىغا يۆلىنىپ يىغلىدى. [15] ئاندىن
يۈسۈپ بارلىق قېرىنداشلىرىنى سۆيۈپ، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ قۇچاقلاپ
يىغلىدى. ئاندىن قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.
[16] يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى كەلدى، دېگەن خەۋەر پىرەۋننىڭ ئوردىسىغا
يەتكۈزۈلدى؛ بۇ پىرەۋن ۋە خىزمەتكارلىرىنىڭ نەزىرىدە قۇتلۇق ئىش
بولدى. [17] پىرەۋن يۈسۈپكە: ــ قېرىنداشلىرىڭغا: ــ «سىلەر ئەمدى
مۇنداق قىلىڭلار؛ ئۇلاغلىرىڭلارغا يۈك ئارتىپ، قانائان زېمىنغا
بېرىپ، [18] ئاتاڭلار ۋە جەمەتىڭلارنى ئېلىپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار؛
مەن مىسىر زېمىنىدىن ئەڭ ئېسىل يەرلەرنى سىلەرگە بېرەي؛ سىلەر
بۇ زېمىنىدىن چىققان نازۇ-نېمەتلەردىن يەيسىلەر» ــ دېگىن. [19] ساڭا
بولغان ئەمرىم شۇكى، سەن ئۇلارغا: «بالىلىرىڭلار ۋە ئاياللىرىڭلارنى

---

**8:45 «ئاتىنىڭ ئورنىدا قىلىپ»** ــ مۇشۇ يەردە بەلكىم يۈسۈپنىڭ پىرەۋنگە چوڭ مەسلىھەتچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك.

**13:45** روس. 14:7.

ئېلىش ئۈچۈن مىسىر زېمىنىدىن ھارۋىلارنى ئېلىپ بېرىڭلار.
شۇنىڭدەك ئاتاڭلارنىمۇ بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ كېلىڭلار. 20 پۈتكۈل
مىسىر زېمىنىدىن ئەڭ ئېسىل جايلار سىلەرنىڭكى بولغاچقا، ئۆز
سەرەمجانلىرىڭلارغا كارىڭلار بولمىسۇن» دەپ بۇيرۇغىن، ــ دېدى.
21 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى شۇنداق قىلدى؛ يۇسۇپ
پىرەۋننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇلارغا ھارۋىلارنى بېرىپ، يولى ئۈچۈنمۇ
ئوزۇق بەردى. 22 ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر قۇر كىيىم بەردى؛ لېكىن
بىنيامىنغا بولسا ئۈچ يۈز كۈمۈش تەڭگە، بەش قۇر كىيىم
بەردى. 23 ئۇ ئاتىسىغىمۇ شۇ ھەدىيەلەرنى، يەنى مىسىرنىڭ ئېسىل
مەھسۇلاتلىرى ئارتىلغان ئون ھاڭگا ئېشەك ھەمدە ئاشلىق، نان
ۋە ئاتىسىغا يول تەييارلىقى ئارتىلغان ئون مادا ئېشەكنى ئەۋەتتى.
24 ئاندىن ئۇ قېرىنداشلىرىنى يولغا سېلىپ، ئۇلارغا: ــ يولدا
جېدەللەشمەڭلار، دەپ جېكىلىدى. ئۇلار يولغا راۋان بولدى. 25 ئۇلار
مىسىردىن چىقىپ، قانائان زېمىنىغا ئاتىسى ياقۇپنىڭ قېشىغا
بېرىپ، 26 ئۇنىڭغا يۇسۇپ ئۆزلىرىگە ئېيتقان گەپلەرنى يەتكۈزۈپ:
«يۇسۇپ تېخى ھايات ئىكەن! ئۇ پۈتكۈل مىسىر زېمىنىغا باش ۋەزىر
ئىكەن!» دېدى. ئەمما ئۇ ئۇلارغا ئىشەنمەي، يۈرىكى قېتىپ ھوشىدىن
كېتەي دەپ قالدى.
27 لېكىن ئۇلار يۇسۇپنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتقان بارلىق سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا
دېگەندە، شۇنداقلا يۇسۇپنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن
ھارۋىلارنىمۇ كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياقۇپنىڭ روھىغا جان كىردى.
28 ئىسرائىل شۇنىڭ بىلەن: ــ ئەمدى ئارمىنىم يوق! ئوغلۇم يۇسۇپ
تېخى ھاياتتۇر! مەن ئۆلمەستە بېرىپ ئۇنى كۆرۈۋالاي، ــ دېدى.

---

20:45 **«ئۆز سەرەمجانلىرىڭلارغا كارىڭلار بولمىسۇن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۆزۈڭلار سەرەمجانلىرىڭلارغا ھەسرەت چەكمىسۇن».

24:45 **«يولدا جېدەللەشمەڭلار»** ــ بۇ نەسىھەتنى بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مىسىرغا سېتىۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق بىر-بىرىنى يەنە ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ ئېيتقان بولسا كېرەك.

## ياقۇپنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ مىسىرغا مېڭىشى

46 [1] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل بارلىق تەئەللۇقاتىنى ئېلىپ
يولغا چىقىپ، بەئەر-شېباغا كەلدى. ئۇ شۇ يەردە ئاتىسى
ئىسھاقنىڭ خۇداسىغا قۇربانلىقلارنى سۇندى. [2] كېچىسى خۇدا ئالامەت
كۆرۈنۈشلەردە ئىسرائىلغا: ــ ياقۇپ، ياقۇپ! دېۋىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ:
ــ مانا مەن! ــ دېدى.
[3] ئۇ: ــ ئاتاڭنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇدا مەندۇرمەن. سەن مىسىرغا
بېرىشتىن قورقمىغىن، چۈنكى مەن سېنى شۇ يەردە ئۇلۇغ بىر قوۋم
قىلىمەن. [4] مەن سېنىڭ بىلەن مىسىرغا بىللە بارىمەن ۋە مەن ئۆزۈم
جەزمەن يەنە سېنى شۇ يەردىن ياندۇرۇپ كېلىمەن. يۈسۈپ ئۆز قولى
بىلەن سېنىڭ كۆزۈڭنى يۇمدۇرىدۇ، ــ دېدى.
[5] ئاندىن ياقۇپ بەئەر-شېبادىن يولغا چىقتى؛ ئىسرائىلنىڭ
ئوغۇللىرى ئاتىسى ياقۇپ ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى پىرەۋن ئۇنى
ئېپكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن هارۋىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، [6-7] چارپايلىرى
بىلەن قانائان زېمىنىدا تاپقان تەئەللۇقاتلىرىنى ئېلىپ ماڭدى.
بۇ تەرىقىدە ياقۇپ بىلەن بارلىق ئەۋلادلىرى مىسىرغا كەلدى؛
ئوغۇللىرىنى، ئوغۇل نەۋرىلىرىنى، قىزلىرىنى، قىز نەۋرىلىرىنى
يىغىپ، نەسىللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ
مىسىرغا كەلدى.

**2:46 «ياقۇپ، ياقۇپ»** ــ خۇدانىڭ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىم چاقىرىشى خۇدانىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ۋە ئۆزىگە تولىمۇ ئەزىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**3:46** يار. 16:13؛ 10:16؛ 2:17؛ 17:22؛ 24:26؛ 13:28؛ 9:32؛ 11:35؛ 4:48.

**4:46 «يۈسۈپ ئۆز قولى بىلەن سېنىڭ كۆزۈڭنى يۇمدۇرىدۇ»** ــ دېمەك، يۈسۈپ ياقۇپ سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندا ئۇنىڭ يېنىدا بولىدۇ. «مەن ئۆزۈم جەزمەن يەنە سېنى شۇ يەردىن ياندۇرۇپ كېلىمەن» دېگەن يۇقىرىقى سۆزلەر شۈبھىسىزكى، ياقۇپ قانائان زېمىنىدا دەپنە قىلىنىپلا قالماي، بەلكى قانائان زېمىنىدا ئاخىرقى زاماندا تىرىلىدۇ، دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ.

**4:46** چۈل. 15:20؛ قان. 22:10؛ يە. 4:24، 5، 6؛ زەب. 23:105، 24؛ يەش. 4:52؛ ھوش. 1:11.

**5:46** روس. 15:7.

[8] ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى، يەنى ياقۇپنىڭ مىسىرغا كەلگەن
ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: ــ ياقۇپنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەن؛
[9] رۇبەننىڭ ئوغۇللىرى ھانوخ، پاللۇ، ھەزرون بىلەن كارمى.
[10] شىمېئوننىڭ ئوغۇللىرى: ــ يەمۇئەل، يامىن، ئوھاد، ياقىن، زوھار ۋە
قانائانىي ئايالدىن بولغان سائۇل.
[11] لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى: ــ گەرشون، كوھات ۋە مەرارى.
[12] يەھۇدانىڭ ئوغۇللىرى: ــ ئەر، ئونان، شەلاھ، پەرەز ۋە زەراھ. ئەمما ئەر
ۋە ئونان قانائانىڭ زېمىنىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. پەرەزنىڭ ئوغۇللىرى
ھەزرون بىلەن ھامۇللار ئىدى.
[13] ئىسساكارنىڭ ئوغۇللىرى: ــ تولا، پۇئاھ، يوب ۋە شىمرون.
[14] زەبۇلۇننىڭ ئوغۇللىرى: ــ سەرەد، ئېلون ۋە جاھلىيەل.
[15] بۇلار لېياھنىڭ ياقۇپقا پادان-ئارامدا تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇل-
ئەۋلادلىرى ئىدى؛ ئۇ يەنە قىزى دىناھنى تۇغۇپ بەردى. بۇنىڭ بۇ
ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرى جەمئىي بولۇپ ئوتتۇز ئۈچ جان ئىدى.
[16] گادنىڭ ئوغۇللىرى: ــ زىفىئون، ھاگگى، شۇنى، ئەزبون، ئېرى، ئارودى
ۋە ئارئەلى.
[17] ئاشىرنىڭ ئوغۇللىرى: ــ يىمناھ، يىشۋاھ، يىشۋى ۋە بېرىياھ.
ئۇلارنىڭ سىڭلىسى سېراھ ئىدى؛ بېرىياھنىڭ ئوغۇللىرى ھەبەر ۋە
مالكىئەل ئىدى.
[18] بۇلار بولسا لابان قىزى لېياھقا دېدەك بولۇشقا بەرگەن زىلپاھنىڭ

---

**8:46** مىس. 2:1؛ 13:6؛ چۆل. 5:26؛ 1تار. 4-8.

**10:46 «سائۇل»** ــ ياكى «شائۇل».

**10:46** مىس. 15:6؛ 1تار. 24:4.

**11:46** 1تار. 27:5.

**12:46** يار. 3:38، 4، 5؛ 1تار. 5:2.

**13:46 «پۇئاھ»** ــ ياكى «پۇۋاھ». «چۆل.» 23:36نى كۆرۈڭ. **«يوب»** ــ ياكى «ياشۇب».

**16:46** 1تار. 11:5.

**17:46** 1تار. 30:7.

ياقۇپقا تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇللىرى بولۇپ، جەمئىي ئون ئالتە جان ئىدى.
19 ياقۇپنىڭ ئايالى راھىلەنىڭ ئوغۇللىرى يۈسۈپ ۋە بىنيامىن.
20 يۈسۈپكە مىسىر زېمىنىدا تۆرەلگەن ئوغۇللىرى ماناسسەھ ۋە ئەفرائىم؛ بۇلارنى ئوندىكى كاھىن پوتىفىراھنىڭ قىزى ئاسىنات ئۇنىڭغا تۇغۇپ بەردى.
21 بىنيامىننىڭ ئوغۇللىرى: ــ بېلاھ، بەكەر، ئاشبەل، گېرا، نائامان، ئېھى، روش، مۇپپىم، ھۇپپىم ۋە ئارد.
22 بۇلار راھىلەنىڭ ياقۇپقا تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇل-ئەۋلادلىرى بولۇپ، جەمئىي ئون تۆت جان ئىدى.
23 داننىڭ ئوغلى: ــ ھۇشىم.
24 نافتالىنىڭ ئوغۇللىرى: ــ ياھزىئەل، گۇنى، يەزەر ۋە شىللەم.
25 بۇلار لابان قىزى راھىلەگە دېدەك بولۇشقا بەرگەن بىلھاھنىڭ ياقۇپقا تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇل-ئەۋلادلىرى بولۇپ، جەمئىي يەتتە جان ئىدى.
26 ياقۇپنىڭ كېلىنلىرىدىن باشقا، ياقۇپنىڭ پۇشتىدىن بولغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مىسىرغا كەلگەنلەر جەمئىي ئاتمىش ئالتە جان ئىدى.
27 يۈسۈپنىڭ مىسىردا تۇغۇلغان ئوغۇللىرى ئىككى ئىدى. ياقۇپنىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، مىسىرغا كەلگەنلەر جەمئىي يەتمىش جان ئىدى.

## ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ مىسىرغا يېتىپ كېلىشى

28 ياقۇپ يۈسۈپتىن كۆرسەتمە ئېلىپ، ئۆزلىرىنى گوشەنگە باشلاپ بېرىشقا يەھۇدانى يۈسۈپنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار

**18:46** يار. 24:29.
**20:46** يار. 50:41؛ 5:48.
**21:46** **«بېلاھ»** ــ ياكى «بېلا».
**21:46** 1تار. 6:7؛ 1:8.
**24:46** 1تار. 13:7.
**25:46** يار. 29:29.
**27:46** قان. 22:10؛ روس. 14:7.

گوشەن يۇرتىغا كېلىپ چۈشتى. [29] يۈسۈپ ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىك ھارۋىسىنى
قاتقۇزۇپ، ئاتىسى ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا گوشەنگە چىقتى. ئۇ ئۆزىنى
ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىپ ئاتىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ بوينىغا گىرە
سېلىپ قۇچاقلاپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن يىغلىدى. [30] ئىسرائىل يۈسۈپكە:
مەن سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرۈپ، تىرىك ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم؛ ئەمدى
ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق، ــ دېدى.
[31] ئاندىن يۈسۈپ قېرىنداشلىرى ۋە ئاتىسىنىڭ ئۆيدىكىلىرىگە
مۇنداق دېدى: ــ مەن ھازىر چىقىپ پىرەۋنگە خەۋەر بېرىپ: «قانائان
زېمىنىدا ئولتۇرغان قېرىنداشلىرىم، شۇنداقلا ئاتامنىڭ ئۆيىدىكىلەر
قېشىمغا كەلدى؛ [32] بۇ ئادەملەر پادىچىلار بولۇپ، مال بېقىش بىلەن
شۇغۇللىنىپ كەلگەن، قوي-كالىلىرى، شۇنداقلا بارلىق مال-
مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كەلدى» دەپ ئېيتاي. [33] شۇنداق بولىدۇكى، پىرەۋن
سىلەرنى چاقىرىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ سىلەردىن: «نېمە ئوقەتىڭلار بار؟»
دەپ سورىسا، [34] سىلەر جاۋاب بېرىپ: ــ كەمىنىلىرى كىچىكىمىزدىن
تارتىپ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش پادا بېقىپ كەلگەنمىز، ــ دەڭلار.
شۇنداق دېسەڭلار گوشەن يۇرتىدا ئولتۇرۇپ قالىسىلەر؛ چۈنكى
پادىچىلارنىڭ ھەممىسى مىسىرلىقلار ئارىسىدا كۆزگە ئىلىنمايدۇ.

## 47

[1] يۈسۈپ پىرەۋننىڭ قېشىغا كىرىپ: ــ ئاتام بىلەن
قېرىنداشلىرىم قوي-كالىلىرى، شۇنداقلا ھەممە مال-
مۈلۈكلىرىنى بىللە ئېلىپ قانائان زېمىنىدىن كەلدى. مانا، ئۇلار

28:46 **«ياقۇپ يۈسۈپتىن كۆرسەتمە ئېلىپ، ئۆزلىرىنى گوشەنگە باشلاپ بېرىشقا يەھۇدانى يۈسۈپنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى»** ــ ياكى «ئۆزلىرى گوشەنگە بېرىشتىن ئاۋۋال يەھۇدانى يۈسۈپكە ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى».

30:46 **«ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۆلسەم بولىدۇ».

34:46 **«چۈشۈنمە»** ــ شۇ گېپى بىلەن يۈسۈپ: (1) ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مىسىر ئىقتىسادىغا يۈك بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى باقالايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى؛ (2) ئۇلارنىڭ گوشەن دېگەن چەت رايوندا تۇرۇشىنى بېكىتمەكچى.

—شۇنداق بولغاندا، ئىسرائىل خەلقى مىسىرلىقلار بىلەن ئانچە ئاسسىمىلياتسىيە بولمايدۇ، شۇنداقلا مىسىردىن قېچىش كېرەك بولسا، گوشەن يۇرتى قانائان زېمىنىغا بىرقەدەر يېقىنراق ئىدى

**34:46** يار. 32:43؛ مىس. 22:8.

هازىر گوشەن يۇرتىغا چۈشتى، دەپ خەۋەر بېرىپ، [2] قېرىنداشلىرىنىڭ
ئىچىدىن بەشەيلەننى ئېلىپ، پىرەۋنىنىڭ ئالدىغا هازىر قىلدى.
[3] پىرەۋن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن: ــ نېمە ئوقەتىڭلار بار، دەپ
سورىۋىدى، ئۇلار پىرەۋنگە جاۋاب بېرىپ: ــ كەمىنىلىرى ئاتا-
بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش مال باققۇچىلارمىز، ــ دېدى.
[4] ئاندىن ئۇلار پىرەۋنگە ئىلتىماس قىلىپ: ــ قانائان زېمىنىدا قاتتىق
قەهەتچىلىك بولغاچقا، كەمىنىلىرىنىڭ قويلىرىمىزنى باقىدىغانغا
يايلاقمۇ يوق؛ شۇڭا بۇ زېمىندا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇشقا كەلدۇق؛
جانابلىرىدىن تەلەپ قىلىمىزكى، كەمىنىلىرىنىڭ گوشەن يۇرتىدا
تۇرۇشىغا ئىجازەت بەرگەيلا، ــ دېدى.
[5] پىرەۋن يۇسۇپكە: ــ ئاتاڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭ قېشىڭغا كەلدى؛ [6] مانا
مىسىر زېمىنى سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ؛ ئاتاڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭنى
زېمىنىنىڭ ئەڭ ئېسىل يېرىدە ئولتۇرغۇزغىن؛ ئۇلار گوشەن يۇرتىدا
ماكان قىلسۇن. شۇنىڭدەك، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قابىل
كىشىلەرنى بىلسەڭ، بۇلارنى مېنىڭ چارپايلىرىمغا نازارەتچى
قىلغىن، ــ دېدى.
[7] كېيىن، يۇسۇپ ئاتىسى ياقۇپنى ئېلىپ، پىرەۋنىنىڭ ئالدىغا هازىر
قىلدى؛ ياقۇپ پىرەۋنگە بەخت-بەرىكەت تىلىدى.
[8] ئاندىن پىرەۋن ياقۇپتىن: ــ ئۆمرۈڭنىڭ يىل-كۈنلىرى نەچچىگە
يەتتى؟ ــ دەپ سورىدى. [9] ياقۇپ پىرەۋنگە جاۋاب بېرىپ: ــ مۇساپىرلىق
سەپىرىمنىڭ كۈنلىرى بىر يۈز ئوتتۇز يىلغا يەتتى؛ ئۆمرۈمنىڭ
كۈنلىرى ئاز هەم جاپا-مۇشەققەتلىك بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ
مۇساپىرلىق ئۆمۈر سەپىرىنىڭ كۈنلىرىگە تېخى يەتمىدى، ــ دېدى.
[10] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ پىرەۋنگە بەخت-بەرىكەت تىلەپ،
ئالدىدىن چىقىپ كەتتى. [11] شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ ئاتىسى بىلەن

---

**1:47** يار. 10:45.

**3:47** يار. 34:46.

**9:47** زەب. 19:119؛ ئىبر. 11:9،13.

قېرىنداشلىرىنى مىسىر زېمىنىدا ئۇلتۇراقلاشتۇرۇپ قويدى؛ پىرەۋننىڭ بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارغا زېمىننىڭ ئەڭ ئېسىل يېرىدىن، يەنى رامسەس دېگەن يۇرتتىن تەۋەلىك بەردى. [12] يۈسۈپ ئاتىسى، قېرىنداشلىرى، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭ ھەممە ئۆيدىكىلىرىنى بالا-چاقىلىرىنىڭ سانلىرىغا قاراپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ باقتى.

## يۈسۈپنىڭ دانا ھۆكۈمرانلىقى

[13] ئەمما ئاچارچىلىق قاتتىق ئېغىر بولغاچقا، زېمىننىڭ ھېچ يېرىدە ئوزۇق-تۈلۈك تېپىلمىدى؛ مىسىر زېمىنى بىلەن قانائان زېمىنى ئاچارچىلىقتىن خاراپلىشىپ كەتتى. [14] يۈسۈپ ئاشلىق سېتىپ مىسىر زېمىنى بىلەن قانائان زېمىنىدىكى بارلىق پۇلنى يىغىۋالدى. ئاندىن يۈسۈپ بۇ پۇلنى پىرەۋننىڭ ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ بەردى. [15] ئەمما مىسىر زېمىنى بىلەن قانائان زېمىنىدىكى پۇل تۈگەپ كەتكەندە مىسىرلىقلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ــ بىزگە نان بەرگەيلا! پۇل تۈگەپ كەتكىنى ئۈچۈن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئۆلۈمىزمۇ؟ ــ دېدى.

[16] يۈسۈپ جاۋابەن: ــ پۇلۇڭلار قالمىغان بولسا، چارۋايلىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىپ بەرسەڭلار، مەن ماللىرىڭلارغا ئوزۇق-تۈلۈك تېگىشىپ بېرىمەن، ــ دېدى.

[17] بۇنىڭ بىلەن ئۇلار چارۋايلىرىنى يۈسۈپنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگىلى تۇردى؛ يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ئاتلىرى، قوي پادىلىرى، كالا پادىلىرى ۋە ئېشەكلىرىنىڭ ئورنىغا ئوزۇق-تۈلۈك بەردى؛ شۇ يىلى ماللىرىنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈك بېرىپ باقتى. [18] ئۇ يىل ئاياغلىشىپ، ئۇلار ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ــ بىز خوجىمىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايمىز؛ پۇلىمىز تۈگىدى، چارۋاي مال پادىلىرىمىز بولسا خوجىمىزنىڭ ئىلكىدە، خوجىمىزنىڭ ئالدىدا تەنلىرىمىز بىلەن يېرىمىزدىن

**باشقا ھېچنەرسە قالمىدى. [19]نېمىشقا كۆز ئالدىلىرىدا بىز ھەم يېرىمىزمۇ ئۆلۈپ كەتسۇن؟ ئەمدى سىلى ئۆزىمىز ۋە يېرىمىزنى ئوزۇق-تۈلۈككە تېگىشىپ ئېلىۋالغايلا؛ ئۆزىمىز ۋە يېرىمىز پىرەۋننىڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇل بولايلى. بىز ئۆلۈپ كەتمەي، تىرىك تۇرۇشىمىز، يېرىمىزمۇ ۋەيران بولماسلىقى ئۈچۈن بىزگە ئۇرۇق-تۈلۈك بەرگەيلا، دېدى.**

**[20]بۇ تەرىقىدە يۇسۇپ مىسىرنىڭ پۈتكۈل تېرىلغۇ يېرىنى پىرەۋن ئۈچۈن سېتىۋالدى؛ چۈنكى ئاچارچىلىق قاتتىق بولغاچقا، مىسىرلىقلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئېتىزىنى سېتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن يەر-زېمىن پىرەۋننىڭ بولۇپ قالدى. [21]يۇسۇپ خەلقنى مىسىرنىڭ بۇ چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە ھەرقايسى شەھەرلەرگە كۆچۈردى. [22]پەقەت كاھىنلارنىڭ يېرىنى ئۇ ئالمىدى؛ چۈنكى كاھىنلارغا پىرەۋن تەرىپىدىن ئالاھىدە تەمىنات بېرىلگەچكە، ئۇلار پىرەۋن تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ئۈلۈشنى يەپ، ئۆز يەرلىرىنى ساتمىغانىدى.**

**[23]يۇسۇپ خەلققە: ــ مانا، مەن بۈگۈن ئۆزۈڭلار بىلەن يەرلىرىڭلارنى پىرەۋن ئۈچۈن سېتىۋالدىم. مانا سىلەرگە ئۇرۇق! ئەمدى يەر تېرىڭلار. [24]ئەمدى شۇنداق قىلىسىلەركى، چىققان ھوسۇلدىن بەشتىن بىرىنى پىرەۋنگە بېرىپ، قالغان تۆت قىسمىنى ئۆزۈڭلارغا ئېلىپ قېلىڭلار؛ ئۇ ئۇرۇقلۇق ھەمدە ئۆزۈڭلارغا، جۈملىدىن ئۆيۈڭدىكىلەرگە ۋە كىچىك باللىرىڭلارغا ئوزۇق بولسۇن، ــ دېدى.**

---

21:47 **«چۈشەنمە»** ــ خەلقلەرنىڭ يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كۆچۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى: (1) تۇپراقتا گىيا ئۈنمەس بولۇپ قالغاچقا، خەلقنىڭ شۇ يەردە تۇرۇۋېرىشىنىڭ پايدىسى يوق ئىدى؛ (2) خەلق شەھەردە تۇرسا ئۇلارغا «قۇتقۇزۇش ئاشلىقى» تارقىتىپ بېرىشكە قولايلىق بولاتتى. بۇ ۋاقىتلىق تەدبىر بولۇپ، كېيىن يۇسۇپ ئۇلارغا ئۇرۇق بەرگەندە (23-ئايەت) خەلق بەلكىم ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقان بولۇشى مۇمكىن.

—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇ تەرىقىدە يۇسۇپ خەلقنى مىسىرنىڭ بۇ چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە قۇللۇققا كىرگۈزدى».

[25]ئۇلار جاۋابەن: ــ سىلى جېنىمىزنى قۇتقۇزدىلا. خوجىمىزنىڭ
نەزىرىدە ئىلتىپات تاپقان بولساقلا، پىرەۋننىڭ قۇللىرى بولۇپ
تۇرايلى، ــ دېدى.
[26]شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ: ــ «ھوسۇلنىڭ بەشتىن بىرى پىرەۋنگە
بېرىلسۇن» دەپ بۇ ئىشنى بۈگۈنگە قەدەر مىسىر زېمىنى ئۈچۈن
قانۇن-بەلگىلىمە قىلدى. پەقەت كاھىنلارنىڭ يېرىلا بۇنىڭ
سىرتىدا بولۇپ، پىرەۋنگە تەۋە بولمىدى.

## ياقۇپنىڭ ئاخىرقى تەلىپى

[27]ئىسرائىللار مىسىر زېمىنىدا، گوشەن ئۆلكىسىدە
ئولتۇراقلاشتى؛ ئۇلار شۇ جايدا يەر-زېمىنلىك بولۇپ، ئاۋۇپ،
تولىمۇ كۆپەيدى. [28]ياقۇپ مىسىر زېمىنىدا ئون يەتتە يىل
ئۆمۈر كۆردى؛ بۇنىڭ بىلەن ياقۇپنىڭ ئۆمۈر كۈنلىرى بىر
يۈز قىرىق يەتتە يىلغا يەتتى. [29]ئىسرائىلنىڭ كۈنلىرى
سەكراتقا يېقىنلاشقاندا، ئوغلى يۈسۈپنى چاقىرتىپ،
ئۇنىڭغا: ــ ئەگەر نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام،
قولۇڭنى يوتامنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ماڭا شاپائەت ۋە
ساداقەتلىكنى كۆرسىتىپ، مېنى مىسىردا دەپنە قىلما؛
[30]بەلكى مەن ئاتا-بوۋىلىرىم بىلەن ياتىدىغان ۋاقتىمدا
مېنى مىسىردىن ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ گۆرىستانىغا
دەپنە قىلغىن، دېدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ مەن ئېيتقىنىڭدەك
قىلاي، ــ دېدى.

[31]ياقۇپ ئۇنىڭغا: ــ ماڭا قەسەم قىلىپ بەرگىن، ــ دېدى. ئۇ
ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ بەردى؛ ئاندىن ئىسرائىل كارۋاتنىڭ باش

**29:47** يار. 2:24.

تەرىپىدە سەجدە قىلدى.

## ياقۇپنىڭ ئەفرائىم ۋە ماناسسەھكە خەيرلىك دۇئا قىلىشى

48 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن بىرسى يۈسۈپكە: ــ مانا ئاتاڭ كېسەل
بولۇپ قاپتۇ، دەپ خەۋەر بەردى. ئۇ ئىككى ئوغلى ماناسسەھ
بىلەن ئەفرائىمنى بىللە ئېلىپ باردى. [2] بىرسى ياقۇپقا: ــ مانا ئوغلۇڭ
يۈسۈپ قېشىڭغا كېلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر بېرىۋىدى، ئىسرائىل
كۈچەپ قوپۇپ كارىۋاتتا ئولتۇردى.
[3] ياقۇپ يۈسۈپكە: ــ ھەممىگە قادىر تەڭرى ماڭا قانائان زېمىنىدىكى
لۇز دېگەن جايدا ئايان بولۇپ، مېنى بەرىكەتلەپ [4] ماڭا: مانا، مەن
سېنىڭ نەسلىڭنى كۆپەيتىپ، سېنى ئىنتايىن زور ئاۋۇتىمەن،
سەندىن بىر تۈركۈم خەلق چىقىرىمەن؛ بۇ زېمىننى سەندىن كېيىنكى
نەسلىڭگە ئەبەدىي مىراس قىلىپ بېرىمەن، دەپ ئېيتقانىدى.
[5] ئەمدى مەن مىسىرغا كېلىشتىن ئىلگىرى ساڭا مىسىر زېمىنىدا
تۇغۇلغان ئىككى ئوغلۇڭ مېنىڭ ھېسابلىنىدۇ؛ ئەفرائىم بىلەن
ماناسسەھ بولسا، خۇددى رۇبەن بىلەن شىمېئونغا ئوخشاش، ھەر
ئىككىسى مېنىڭ ئوغۇللىرىم بولىدۇ. [6] ئۇلاردىن كېيىن تاپقان
بالىلىرىڭ ئۆزۈڭنىڭ بولىدۇ؛ ئۇلار كەلگۈسىدە مىراسقا ئېرىشكەندە
ئاكىلىرىنىڭ نامى ئاستىدا بولىدۇ. [7] ماڭا كەلسەك، پادانىدىن

---

**31:47 «ئىسرائىل كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە سەجدە قىلدى»** ــ كونا گرېكچە تەرجىمىسى (LXX)دە «ئۇ (ئىسرائىل) ھاسىسىغا يۆلىنىپ خۇداغا سەجدە قىلدى» دېيىلىدۇ. مۇشۇ يەردە ئىككى مەنىسى بولۇشى مۇمكىن («ئىبر.» 21:11نىمۇ كۆرۈڭ).

**31:47** ئىبر. 21:11.

**3:48** يار. 1:17.

**4:48** يار. 3:28؛ 11:35.

**5:48 «ھەر ئىككىسى مېنىڭ ئوغۇللىرىم بولىدۇ»** ــ كېيىن ماناسسەھ ۋە ئەفرائىمدىن بولغان قەبىلىلەر ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىدىن ئىككىسى ھېسابلاندى.

**5:48** يار. 50:41؛ 20:46.

**6:48 «ئۇلار كەلگۈسىدە مىراسقا ئېرىشكەندە ئاكىلىرىنىڭ نامى ئاستىدا بولىدۇ»** ــ دېمەك، ئەگەر يۈسۈپنىڭ كېيىن ئوغۇللىرى بولسا، ماناسسەھنىڭ قەبىلىسى ياكى ئەفرائىمنىڭ قەبىلىسىنىڭ

كېلىۋاتقىنىمدا راھىلە قانائان زېمىنىدا يول ئۈستىدە ئەفراتقا ئاز
قالغاندا مېنى تاشلاپ ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇنى شۇ يەردە، يەنى ئەفراتقا
(يەنى بەيت-لەھەمگە) بارىدىغان يولدا دەپنە قىلدىم، ــ دېدى.
[8] ئاندىن ئىسرائىل يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرىغا قاراپ: ــ بۇلار كىمدۇر، ــ
دەپ سورىدى.
[9] يۈسۈپ ئاتىسىغا جاۋابەن: ــ بۇلار بولسا خۇدا ماڭا بۇ يەردە بەرگەن
ئوغۇللىرىمدۇر، ــ دېدى. ئۇ: ــ ئۇلارنى ئالدىمغا يېقىن كەلتۈرگىن، مەن
ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت تىلەي، ــ دېدى.
[10] ئەمدى ئىسرائىلنىڭ كۆزلىرى قېرىلىقىدىن غۇۋالىشىپ ياخشى
كۆرەلمەيتتى. شۇڭا يۈسۈپ ئۇلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىنراق كەلتۈردى؛
ئۇ ئۇلارنى سۆيۈپ قۇچاقلىدى. [11] ئاندىن ئىسرائىل يۈسۈپكە: ــ مەن
سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرەلەيمەن دەپ ھېچ ئويلىمىغانىدىم؛ لېكىن خۇدا
مېنى سېنىڭ باللىرىڭنىمۇ كۆرۈشكە نېسىپ قىلدى، ــ دېدى.
[12] يۈسۈپ باللارنى ياقۇپنىڭ تىزلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ئېلىپ، يۈزىنى
يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلدى. [13] ئاندىن يۈسۈپ بۇ ئىككيلەننى
ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا يېقىن ئېلىپ كېلىپ، ئەفرائىمنى ئوڭ
قولى بىلەن تۇتۇپ ئىسرائىلنىڭ سول قولىغا ئۇدۇللاپ تۇرغۇزدى؛
ماناسسەھنى سول قولى بىلەن تۇتۇپ ئىسرائىلنىڭ ئوڭ قولىغا
ئۇدۇللاپ تۇرغۇزدى. [14] لېكىن ئىسرائىل ئوڭ قولىنى ئۇزىتىپ، كەنجى
بالىسى ئەفرائىمنىڭ بېشىغا قويدى، سول قولىنى ماناسسەھنىڭ
بېشىغا قويدى. ماناسسەھ تۇنجىسى بولسىمۇ، ئۇ ئىككى قولىنى
قايچىلاپ تۇتۇپ شۇنداق قويدى. [15] ئۇ يۈسۈپكە بەخت-بەرىكەت

---

بىر ئەزاسى ھېسابلىنىپ، شۇ قەبىلىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تېگىشلىك مىراس ئالالايتتى.

7:48 **«مېنى تاشلاپ ئۆلۈپ كەتتى»** ــ ياكى «مېنى ھەسرەتكە قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى».
**«مەن ئۇنى راھىلەنى شۇ يەردە، يەنى ئەفراتقا بارىدىغان يولدا دەپنە قىلدىم»** ــ راھىلە
يۈسۈپنىڭ ئۆز ئانىسى، ئەلۋەتتە. بەلكىم ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق تەپسىلاتلار ئۇنىڭ ئېسىدە
ئانچە قالمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**7:48** يار. 19:35.

12:48 **«ياقۇپنىڭ»** ــ ئىبراني تىلىدا «ئۇنىڭ».

**تىلەپ: ــ ئاتىلىرىم ئىبراھىم بىلەن ئىسھاق خۇدا دەپ بىلىپ يۈزى
ئالدىدا ماڭغان، مېنى پۈتكۈل ئۆمرۈمدە بۇ كۈنگىچە پادىچىدەك
يېتەكلەپ بېقىپ كەلگەن خۇدا، [16] ماڭا ھەمجەمەت بولۇپ مېنى ھەممە
بالا-قازادىن قۇتقۇزغان پەرىشتە بۇ ئىككى ئوغۇلنى بەرىكەتلىسۇن؛
ئۇلار مېنىڭ ئىسمىم ۋە ئاتىلىرىم بولغان ئىبراھىم ۋە ئىسھاقنىڭ
ئىسىملىرى بىلەن ئاتىلىپ، يەر يۈزىدە كۆپ ئاۋۇغاي! ــ دېدى.
[17] يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ ئوڭ قولىنى ئەفرائىمنىڭ بېشىغا قويغىنىنى
كۆرۈپ كۆڭلىدە خاپا بولدى؛ شۇڭا ئۇ ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ،
ئەفرائىمنىڭ بېشىدىن ئېلىپ ماناسسەھنىڭ بېشىغا يۆتكىمەكچى
بولۇپ، [18] ئاتىسىغا: ــ ئەي ئاتا، بۇنداق قىلمىغىن؛ چۈنكى مانا،
تۇنجىسى بۇدۇر؛ ئوڭ قولۇڭنى ئۇنىڭ بېشىغا قويغىن! ــ دېدى.
[19] لېكىن ئاتىسى رەت قىلىپ: ــ بىلىمەن، ئى ئوغلۇم، بىلىمەن؛
ئۇنىڭدىنمۇ بىر قوۋم چىقىپ، ئۆزىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ، ئەمما دەرھەقىقەت
ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ؛ ئۇنىڭ نەسلىدىن
ناھايىتى كۆپ قوۋملار پەيدا بولىدۇ، ــ دېدى.
[20] شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى ئۇ بۇ ئىككىسىنى بەرىكەتلەپ: ــ
كەلگۈسىدە ئىسرائىللار بەخت-بەرىكەت تىلىگەندە: «خۇدا سېنى
ئەفرائىم بىلەن ماناسسەھدەك ئۇلۇغ قىلسۇن!» دەيدىغان بولىدۇ،
دېدى. بۇ تەرىقىدە ئۇ ئەفرائىمنى ماناسسەھتىن ئۈستۈن قويدى.
[21] ئاندىن ئىسرائىل يۈسۈپكە يەنە: ــ مانا، مەن ئۆلىمەن؛ لېكىن خۇدا**

**15:48** ئىبر. 21:11.

**16:48** **«ھەمجەمەت بولۇپ ... قۇتقۇزغان...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «گوئېل» دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ يەردە «گوئېل» دېگەن پېئىل تەۋراتتا بىرىنچى قېتىم ئىشلىتىلدۇ. «ئايۇپ» 25:19 ۋە ئىزاھاتىنى ۋە «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**16:48** يار. 42:31؛ 1:32.

**17:48** **«يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ ئوڭ قولىنى ئەفرائىمنىڭ بېشىغا قويغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە خاپا بولدى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئاتىسىنىڭ ئوڭ قولىنى ئەفرائىمنىڭ بېشىغا قويغىنى يۈسۈپنىڭ كۆزلىرىگە يامان ئىشتەك كۆرۈندى».

**19:48** رۇت 4:11، 12.

**20:48** يەر. 31:20.

سىلەر بىلەن بىللە بولۇپ، سىلەرنى ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ زېمىنىغا
قايتۇرۇپ بارىدۇ. [22] مەن ساڭا قېرىنداشلىرىڭنىڭكىدىن بىر ئۈلۈش
يەرنى ئارتۇق بەردىم؛ شۇ يەرنى ئۆزۈم قىلىچ ۋە ئوقيايىم بىلەن
ئامورىيلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانىدىم.

## ياقۇپنىڭ ۋەسىيىتى ـ ئوغۇللىرىغا تىلىگەن بەخت-بەرىكەتلىرى ۋە بەرگەن بېشارەتلىرى

49 [1] ئاندىن ياقۇپ ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
ـ ھەممىڭلار جەم بولۇڭلار، مەن سىلەرگە كېيىنكى كۈنلەردە
سىلەر يولۇقىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ بېرەي: ـ
[2] يىغىلىپ كېلىپ ئاڭلاڭلار، ئى ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى؛
ئاتاڭلار ئىسرائىلغا قۇلاق سېلىڭلار.
[3] ئەي رۇبەن، سەن مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇمسەن،
كۈچ-قۇدرىتىمسەن،
كۈچۈم بار ۋاقتىمنىڭ تۇنجى مېۋىسىدۇرسەن،
سالاپەت ۋە قۇدرەتتە ئالدى ئىدىڭ،
[4] لېكىن قايناپ تېشىپ چۈشكەن سۇدەك،
ئەمدى ئالدى بولالماسسەن؛
سەن ئاتاڭنىڭ كۆرپىسىگە چىقتىڭ،
شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنى بۇلغىدىڭ!

---

22:48 **«مەن ساڭا ... بىر ئۈلۈش يەرنى ئارتۇق بەردىم»** ــ دېگەن سۆزلەرنىڭ يەنە مۇمكىن بولغان ئىككى مەنىسى بار: ــ (1) «ساڭا... ئاشۇ «ياغلىق رايون» (كۆپ زەيتۇن مېيىنى چىقىدىغان زېمىن)نى تەقدىم قىلدىم،...» ياكى (2) «ساڭا... شەكەم دېگەن يەرنى ... تەقدىم قىلدىم» (34-بابنى كۆرۈڭ). ئەمەلىيەتتە ئۈچ مەنە ئوخشاشلا توغرا بولۇشى مۇمكىن.

**22:48** يە. 7:13؛ 1:16؛ 1:17؛ 8:24.

**3:49** يار. 32:29؛ قان. 17:21؛ زەب. 51:78.

**ئۇ مېنىڭ كۈرپەمنىڭ ئۈستىگە چىقتى!**
**5 شىمېئون بىلەن لاۋىي قېرىنداشلاردۇر؛**
**ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى زوراۋانلىقنىڭ قوراللىرىدۇر!**
**6 ئاھ جېنىم، ئۇلارنىڭ مەسلىھىتىگە كىرمىگىن!**
**ئى ئىززىتىم، ئۇلارنىڭ جامائىتى بىلەن چېتىلىپ قالمىغاي!**
**چۈنكى ئۇلار ئاچچىقىدا ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ،**
**ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بۇقىلارنىڭ پېيىنى كەستى.**
**7 ئۇلارنىڭ ئاچچىقى ئەشەددىي بولغاچقا لەنەتكە قالسۇن!**
**غەزىپىمۇ رەھىمسىز بولغاچقا لەنەتكە قالسۇن!**
**مەن ئۇلارنى ياقۇپنىڭ ئىچىدە تارقىتىۋېتىمەن،**
**ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ئۇلارنى چېچىۋېتىمەن.**
**8 ئەي يەھۇدا! سېنى بولسا قېرىنداشلىرىڭ تەرىپلەر،**
**قولۇڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ گەجگىسىنى باسار.**
**ئاتاڭنىڭ ئوغۇللىرى ساڭا باش ئۇرار،**
**9 يەھۇدا ياش بىر شىردۇر؛**
**ئەي ئوغلۇم، سەن ئوۋنى تۇتۇپلا چىقتىڭ؛**
**ئۇ شىردەك ئوۋنىڭ يېنىدا چۆكۈپ سوزۇلۇپ ياتسا،**
**ياكى چىشى شىردەك يېتىۋالسا،**

---

**4:49 «ئۇ مېنىڭ كۈرپەمنىڭ ئۈستىگە چىقتى!»** ــ رۇبەننىڭ ئاتىسىنىڭ توقلى بىلھاھ بىلەن بىللە ياتقىنىنى كۆرسىتىدۇ (22:35).
—ياقۇپنىڭ بۇ ئۇلۇغ بېشارەتلىرى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە تەپسىلىيرەك توختىلىمىز.
**4:49** يار. 22:35؛ 1تار. 1:5.
**5:49 «ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى زوراۋانلىقنىڭ قوراللىرىدۇر!»** ــ 34:25-31-نى كۆرۈڭ.
**6:49** يار. 25:34.
**7:49 «تارقىتىۋېتىمەن،... چېچىۋېتىمەن»** ــ ياقۇپ پەيغەمبەر بولغاچقا ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزلىرى خۇدانىڭ سۆزىگە باراۋەر بولىدۇ. بۇ سۆزنى خۇدا ئۆزى ياقۇپنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتقان بولسا كېرەك
**7:49** يە. 1:19؛ 3:21-45.
**8:49 «سېنى بولسا قېرىنداشلىرىڭ تەرىپلەر»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «يەھۇدا» دېگەننىڭ مەنىسى «تەرىپلەش» ياكى «مەدھىيە»دۇر (29:35نى كۆرۈڭ).

كىممۇ ئۇنى قوزغاشقا پېتىنار؟
10 شاھانە ھاسا يەھۇدادىن كېتىپ قالمايدۇ،
يەھۇدانىڭ پۇشتىدىن قانۇن چىقارغۇچى ئۆكسۈمەيدۇ،
تاكى شۇ ھوقۇق ئىگىسى كەلگۈچە كۈتىدۇ؛
كەلگەندە، جاھان خەلقلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ.
11 ئۇ تەخىيىنى ئۈزۈم تېلىغا،
ئېشەك بالىسىنى سورتلۇق ئۈزۈم تېلىغا باغلاپ قويار.
ئۇ لىباسىنى شارابتا يۇيۇپ،
تونىنى ئۈزۈم شەربىتىدە يۇيار.
12 ئۇنىڭ كۆزلىرى شارابتىن قىزىرىپ كېتەر،
چىشلىرى سۈت ئىچكىنىدىن ئاپئاق تۇرار.
13 زەبۇلۇن دېڭىز بويىنى ماكان قىلار،

9:49 **«سەن ئوۋ تۇتۇپلا چىقتىڭ»** — بۇ سۆز، شۈبھىسىزكى، يەھۇدانىڭ كەلگۈسىدە تولۇق غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «شىردەك چۆكۈپ سوزۇلۇپ ياتسا ياكى چىشى شىردەك يېتىۋالسا» دېگەن سۆزلەرگە «ئوۋنىڭ يېنىدا» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ كىرگۈزدۇق؛ چۈنكى بىزنىڭچە بۇ جۈملە ئالدىنقى جۈملە بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. دېمەك، يەھۇدا غەلىبە قىلىپلا قالماي، بەلكى غەلىبىنىڭ مېۋىلىرىدىن بىمالال ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. يەھۇدا مەسىھنىڭ ئەجدادى بولغاچقا، مۇشۇ سۆزلەر مەسىھنىڭ ئۆزى توغرىسىدا تېخىمۇ ئىناۋەتلىك بولۇشى كېرەك. —«ئۇ شىردەك ئوۋنىڭ يېنىدا چۆكۈپ سوزۇلۇپ ياتسا، ياكى چىشى شىردەك يېتىۋالسا،...» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ شىردەك ياكى چىشى شىردەك ماراشقا يېتىۋالسا،...»
**9:49** چۆل. 9:24؛ مىك. 7:5.

10:49 **«يەھۇدانىڭ پۇشتىدىن»** — ئىبرانىي تىلىدا «يەھۇدانىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن» — دېمەك، ئۇنىڭ نەسلىدىن، پۇشتىدىن. **«قانۇن چىقارغۇچى»** — ياكى «ئىدارە قىلغۇچىنىڭ تۇتقان تايىقى». **«شۇ ھوقۇق ئىگىسى»** — ئىبرانىي تىلىدا «شىلوھ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇلۇغ بېشارەت توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.
**10:49** ئەز. 27:21؛ مات. 6:2

11:49 **«شارابتا»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۈزۈم قېنىدا». **«ئېشەك بالىسىنى سورتلۇق ئۈزۈم تېلىغا باغلاپ قويار، ... لىباسىنى شارابتا يۇيۇپ، تونىنى ئۈزۈم شەربىتىدە يۇيار»** — دېمەك، يەھۇدا قەبىلىسى شۇنچە باي بولىدۇكى، تەخەيىنى ئەڭ ئېسىل ئۈزۈم تېلىغا باغلايدۇ، تەخەيىنىڭ ئۇنى تارتىپ يۇلۇۋېتىشىدىن ياكى ئۇنى يەپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ ۋە خالىسا كىيىمنى يۇغاندا سۇنىڭ ئورنىدا شاراب ئىشلىتىدۇ.
12:49 **«قىزىرىپ كېتەر»** — ياكى «نۇرلىنار».

ماكانى كېمىلەرنىڭ پاناھگاھى بولار،
يەر-زېمىنى زىدونغىچە يېتىپ بارار.
[14] ئىسساكار بەستلىك بەردەم بىر ئېشەكتۇر،
ئۇ ئىككى قوتان ئارىسىدا ياتقاندۇر؛
[15] ئۇ ئارامگاھنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە قاراپ،
زېمىنىنىڭ ئېسىللىقىنى كۆرۈپ،
يۈك كۆتۈرۈشكە مۈرىسىنى ئېگىپ،
ئالۋانغا ئىشلەيدىغان قۇل بولۇپ قالار.
[16] دان ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن بىرى بولار،
ئۆز خەلقىگە ھۆكۈم چىقىرار.
[17] دان يول ئۈستىدىكى يىلان،
چىغىر يول ئۈستىدە تۇرغان زەھەرلىك بىر يىلاندۇر.
ئۇ ئاتنىڭ تۇپىقىنى چېقىپ،
ئات مىنگۈچىنى ئارقىغا موللاق ئاتقۇزار.
[18] ئى پەرۋەردىگار، نىجاتىڭغا تەلمۈرۈپ كۈتۈپ كەلدىم!

[19] گادقا بولسا، قاراقچىلار قوشۇنى ھۇجۇم قىلار؛
لېكىن ئۇ تاپىنىنى بېسىپ زەربە بېرەر.
[20] ئاشىرنىڭ تامىقىدا زەيتۇن مېيى مول بولار،
ئۇ شاھلار ئۈچۈن نازۇ-نېمەتلەرنى تەمىنلەر.
[21] نافتالىدىن چىرايلىق گەپلەر چىقار،
ئۇ ئەركىن قويۇۋېتىلگەن مارالدۇر.

---

13:49 يە. 19:10، 11.

15:49 **«ئارامگاھ»** ــ بەلكىم خۇدا ئۆزىگە ۋەدە قىلغان مىراس زېمىنىنىڭ ياخشى بىر قىسمىنى كۆرسەتسە كېرەك.

16:49 **«دان»** ــ بۇ نامنىڭ مەنىسى «ھۆكۈم» ياكى «ھۆكۈم چىقارغۇچى» ياكى «سوتچى».

19:49 **«گاد»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «گاد»نىڭ مەنىسى «قوشۇن» ياكى «ھۇجۇم».

20:49 **«ئاشىرنىڭ تامىقىدا زەيتۇن مېيى مول بولار»** ــ ياكى «ئاشىرنىڭ يېرىدىن مول ئاشلىق چىقار».

22 يۇسۇپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىدۇر،
بۇلاقنىڭ يېنىدىكى كۆپ مېۋىلىك شاختەكتۇر؛
ئۇنىڭ شاخچىلىرى تامدىن ھالقىپ كەتكەندۇر.
23 يا ئاتقۇچىلار ئۇنىڭغا ئازار قىلىپ،
ئۇنىڭغا ئوق ئاتتى، ئۇنىڭغا نەپرەتلەندى.
24 ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئوقيايى مەزمۇت تۇرار،
قول-بىلەكلىرى ئەپلىك تۇرغۇزۇلار،
شۇ كۈچ ياقۇپتىكى قۇدرەت ئىگىسىنىڭ قوللىرىدىندۇر —
(ئىسرائىلنىڭ قورام تېشى، يەنى ئۇنىڭ پادىچىسى ئۇنىڭدىن چىقار!)
25 ئاشۇ كۈچ ئاتاڭنىڭ تەڭرىسىدىندۇر — (ئۇ ساڭا مەدەت بېرەر!)
يەنى ھەممىگە قادىردىندۇر — ئۇ سېنى بەرىكەتلەر!
يۇقىرىدا ئاسماننىڭ بەرىكەتلىرى بىلەن،
تۆۋەندە ياتقان چوڭقۇر سۇلارنىڭ بەرىكەتلىرى بىلەن،
ئەمچەك بىلەن بالىياتقۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن سېنى بەرىكەتلەر!
26 سېنىڭ ئاتاڭنىڭ تىلىگەن بەرىكەتلىرى ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ تىلىگەن بەرىكەتلىرىدىن زىيادە بولدى،
ئۇلار مەڭگۈلۈك تاغ-ئېدىرلارنىڭ چەتلىرىگىچە يېتەر،
ئۇلار يۇسۇپنىڭ بېشىغا چۈشەر،

22:49 **«دەرەخنىڭ شېخى»** — ئىبرانىي تىلىدا مۇشۇ يەردە «مېۋىلىك دەرەخنىڭ بالىسى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككى جۈملە ئىچىدىكى «مېۋىلىك» دېگەن سۆز «ئەفرائىم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى «ئەفرائىم» دېگەننىڭ مەنىسى «ئىككى ھەسسە مېۋىلىك». **«ئۇنىڭ شاخچىلىرى»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ قىزلىرى»

22:49 1تار. 1:5.

23:49 يار. 20:50.

24:49 **«ئىسرائىلنىڭ قورام تېشى، يەنى ئۇنىڭ پادىچىسى ئۇنىڭدىن چىقار!»** — دېمەك، «ئىسرائىلنىڭ قورام تېشى»، «ئۇنىڭ ھەقىقىي پادىچىسى»، يەنى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ خۇدانىڭ ئۆزىدىن چىقىسۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «(يەنى ئىسرائىلنىڭ قورام تېشىدىن، ئۇنىڭ پادىچىسىدىندۇر)».

25:49 **«ھەممىگە قادىر»** — خۇدانىڭ بىر نامىدۇر.

يەنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئايرىم تۇرغۇچىنىڭ چوققىسىغا تېگەر.

[27] بىنيامىن يىرتقۇچ بۆرىدەكتۇر؛
ئەتىگەندە ئۇ ئوۋنى يەر،
كەچقۇرۇن ئۇ ئولجىسىنى تەقسىم قىلار» ــ دېدى.

[28] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى بولۇپ، مەزكۇر سۆزلەر بولسا ئاتىسىنىڭ ئۇلارغا تىلىگەن بەخت-بەرىكەت سۆزلىرىدۇر. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ماس كېلىدىغان بىر بەرىكەت بىلەن ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت تىلىدى.

## ياقۇپنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئاخىرقى ۋەسىيىتى

[29] ئاندىن ياقۇپ ئۇلارغا مۇنداق تاپىلىدى: ــ «مەن ئەمدى ئۆز قوۋمىمنىڭ قېشىغا قوشۇلىمەن. سىلەر مېنى ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ يېنىدا، ھىتتىيلاردىن بولغان ئەفروننىڭ ئېتىزلىقىدىكى غارغا دەپنە قىلىڭلار؛ [30] ئۇ غار بولسا قانائان زېمىنىدا مامرەنىڭ ئۇدۇلىدا، ماكپېلاھنىڭ ئېتىزلىقىدا. غارنى ئىبراھىم گۆرىستان بولسۇن دەپ شۇ ئېتىزلىق بىلەن قوشۇپ ھىتتىي ئەفروندىن سېتىۋالغانىدى. [31] شۇ يەردە ئىبراھىم ئايالى ساراھ بىلەن دەپنە قىلىنغان؛ شۇ يەردە ئىسھاق ئايالى رىۋكاھ بىلەنمۇ دەپنە قىلىنغان؛ شۇ يەردە مەنمۇ لېياھنى دەپنە قىلدىم. [32] بۇ ئېتىزلىق ھەم ئىچىدىكى غار ھەتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن سېتىۋېلىنغانىدى».

26:49 **«ئۇلار مەڭگۈلۈك تاغ-ئېدىرلارنىڭ چەتلىرىگىچە يېتەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئۇلار مەڭگۈلۈك تاغلارنىڭ بەرىكەتلىرىدىن زىيادە بولدى». **«ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئايرىم تۇرغۇچىنىڭ...»** ــ ياكى «ئۆز قېرىنداشلىرى ئارىسىدىن ئەمىر بولغۇچىنىڭ...».

**26:49** قان. 16:33.

**30:49** يار. 16،9:23.

**31:49** يار. 9:25؛ 29:35؛ روس. 16:7.

33 ياقۇپ ئوغۇللىرىغا بۇ ۋەسىيەتنى تاپىلاپ بولۇپ، پۇتلىرىنى
كارىۋاتتا تۈزلەپ، نەپەس توختاپ ئۆز قوۋمىغا قوشۇلدى.

## ياقۇپنىڭ دەپنە قىلىنىشى

50 1 يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ يۈزىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە
يىغلاپ، ئۇنى سۆيدى. 2 ئاندىن يۈسۈپ ئۆز خىزمىتىدە
بولغان تېۋىپلارغا ئاتىسىنى مومىيا قىلىشنى بۇيرۇدى؛ شۇنىڭ
بىلەن تېۋىپلار ئىسرائىلنى مومىيا قىلدى. 3 بۇنى قىلىشقا قىرىق
كۈن كەتتى، چۈنكى مومىيا قىلىشقا شۇنچىلىك كۈن كېتەتتى.
مىسىرلىقلار ئۇنىڭغا يەتمىش كۈن ماتەم تۇتتى.
5-4 ئۇنىڭغا هازا تۇتۇش كۈنلىرى ئۆتۈپ بولغاندا، يۈسۈپ پىرەۋننىڭ
ئوردىسىدىكىلەرگە: ــ مەن نەزىرىڭلاردا ئىلتىپات تاپقان بولسام،
پىرەۋننىڭ قۇلاقلىرىغا سۆز قىلىڭلاركى: ــ ئاتام ماڭا قەسەم
قىلدۇرۇپ: «مانا مەن ئۆلىمەن؛ سەن مېنى مەن قانائان زېمىنىدا ئۆزۈم
ئۈچۈن كولاپ قويغان گۆرگە دەپنە قىلغىن» دېگەنىدى. ئەمدى پىرەۋن
ماڭا ئىجازەت بەرگەي، مەن بېرىپ ئاتامنى دەپنە قىلىپ بولۇپ يېنىپ
كەلسەم، ــ دېدى.
6 پىرەۋن جاۋابەن: ــ سەن بېرىپ ئۆزۈڭگە ئاتاڭ قەسەم قىلدۇرغاندەك
ئۇنى دەپنە قىلغىن، دېدى.
7 شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئاتىسىنى دەپنە قىلغىلى ماڭدى. پىرەۋننىڭ
بارلىق خىزمەتكارلىرى، ئوردىنىڭ ئاقساقاللىرى ھەم مىسىر
زېمىنىدىكى ئاقساقاللار ئۇنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭدى.

---

**33:49** روس. 15:7.

**2:50** **«مومىيا قىلىش»** ــ ئادەمنىڭ جەسىتىنى چىرىشتىن ساقلاشتىن ئىبارەتتۇر. مىسىردا ئالاھىدە مومىيا قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بار ئىدى؛ لېكىن ئۇ كىشىلەر مومىيا قىلغاندا كۆپ بۇتپەرەسلىك مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزەتتى، شۇڭا يۈسۈپ ئۇلارنى ئىشلەتمەي، بەلكى ئۆز تېۋىپلىرىنى شۇ ئىشقا بۇيرۇدى.

**4:50-5** يار. 29:47.

[8]يۇسۇپنىڭ ئۆيىدىكى ھەممىسى، قېرىنداشلىرى ۋە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ بىللە باردى؛ ئۇلار پەقەت كىچىك باللىرى، قوي-كالا پادىلىرىنى گوشەن يۇرتىدا قويۇپ كەتتى. [9]ئۇنىڭ بىلەن يەنە جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىقلارمۇ بىللە باردى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن بولدى.
[10]ئۇلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى «ئاتادنىڭ خامىنى»غا يېتىپ كەلگەندە، شۇ يەردە قاتتىق ۋە ھەسرەتلىك يىغا-زار قىلىپ ماتەم تۇتۇپ يىغلاشتى. يۇسۇپ ئاتىسى ئۈچۈن يەتتە كۈن ماتەم تۇتتى.
[11]شۇ يۇرتتا ئولتۇرۇشلۇق قانائانىيلار ئاتادنىڭ خامىنىدا بولغان بۇ ماتەمنى كۆرۈپ: ــ بۇ مىسىرلىقلارنىڭ ئىنتايىن قاتتىق تۇتقان ھازىسى بولدى، دېيىشتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ جاينىڭ نامى «ئابەل-مىزرائىم» دەپ ئاتالدى؛ ئۇ ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىدۇر.
[12]ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە تاپىلىغىنىدەك قىلدى؛
[13]ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنى قانائان زېمىنىغا ئېلىپ بېرىپ، مامرەنىڭ ئۇدۇلىدا، ماكپېلاھنىڭ ئېتىزلىقىنىڭ ئىچىدىكى غاردا دەپنە قىلدى. شۇ غارنى ئىبراھىم قەبرىستانلىق قىلاي دەپ ماكپېلاھنىڭ ئېتىزلىقى بىلەن قوشۇپ ھىتتىي ئەفروندىن سېتىۋالغانىدى.
[14]يۇسۇپ ئاتىسىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى، قېرىنداشلىرى، شۇنداقلا ئاتىسىنى دەپنە قىلىشقا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ چىققان ھەممە خەلقلەر مىسىرغا يېنىپ كەلدى.

## يۇسۇپنىڭ قېرىنداشلىرىنى خاتىرجەم قىلىشى

[15]لېكىن يۇسۇپنىڭ قېرىنداشلىرى ئاتىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى كۆرگەندە: ــ ئەمدى يۇسۇپ بىزگە دۈشمەن بولۇپ بىزنىڭ ئۇنىڭغا

11:50 **«ئابەل-مىزرائىم»** ــ مەنىسى: «مىسىرلىقلارنىڭ ماتىمى» ۋە «مىسىرلىقلارنىڭ ئېتىزلىقى» دېگەنلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. «ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە» ــ ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە.
**13:50** يار. 16:23؛ روس. 16،15:7.

قىلغان بارلىق يامانلىقىمىزنى ئۈستىمىزگە ياندۇرارمىكىن،
دېيىشتى.
[16]ئۇلار يۇسۇپنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ: ــ ئاتىلىرى ئۆلۈشتىن
ئىلگىرى بىزگە ۋەسىيەت قىلىپ تاپىلاپ: ــ [17]«سىلەر يۇسۇپكە: ــ
ئاكىلىرىڭ ساڭا رەزىللىك قىلغانىدى؛ ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى
ھەم گۇناھىنى كەچۈرگىن! ــ دەڭلار» ــ دېگەنىدى. ھازىر سىلىدىن
ئۆتۈنۈمىزكى، ئاتىلىرىڭ خۇداسىنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئاسىيلىقىنى
كەچۈرگەيلا! ــ دېدى. يۇسۇپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىغلىدى.
[18]ئاندىن ئاكىلىرى كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىپ: ــ
مانا، بىز سىلىنىڭ قۇللىرىدۇرمىز! ــ دېدى.
[19]لېكىن يۇسۇپ ئۇلارغا جاۋابەن: ــ قورقماڭلار! مەن خۇدانىڭ ئورنىدا
تۇرۇۋاتامدىم؟ [20]سىلەر دەرۋەقە ماڭا شۇ ئىشنى يامان نىيەت بىلەن
قىلدىڭلار؛ لېكىن خۇدا بۈگۈنكى كۈندىكىدەك نۇرغۇنلىغان خەلقنىڭ
جېنىنى تىرىك ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇ ئىشنى ياخشىلىققا
بېكىتكەنىدى. [21]شۇڭا ئەمدى قورقماڭلار؛ مەن ھەم سىلەرنى ھەم بالا-
چاقىلىرىڭلارنى باقىمەن، ــ دېدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم
قىلىپ مېھرىلىك گەپ قىلدى.

## يۇسۇپنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

[22]يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ جەمەتى بىلەن بىللە مىسىردا تۇرۇپ
قالدى. يۇسۇپ بىر يۈز ئون يىل ئۆمۈر كۆردى. [23]بۇ تەرىقىدە يۇسۇپ
ئەفرائىمنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادىنى كۆردى؛ ماناسسەھنىڭ ئوغلى
ماكىرنىڭ باللىرىمۇ ئۇنىڭ تىزلىرى ئۈستىدە تۇغۇلدى. [24]يۇسۇپ
قېرىنداشلىرىغا: ــ مەن ئۆلۈپ كېتىمەن؛ لېكىن خۇدا چوقۇم سىلەرنى

**19:50** يار. 5:45.

23:50 «**ماكىرنىڭ باللىرىمۇ ئۇنىڭ تىزلىرى ئۈستىدە تۇغۇلدى**» ــ دېگەن ئىبارە بەلكىم: (1) يۇسۇپ مۇشۇ چەۋرىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىدەك قارايتتى؛ (2) مۇشۇ چەۋرىلىرى يۇسۇپنىڭ بىۋاستە مىراسخورى قىلىندى.

**23:50** چۆل. 39:32.

يوقلاپ سىلەرنى بۇ زېمىندىن چىقىرىپ، ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا
بېرىشكە قەسەم قىلىپ ۋەدە قىلغان زېمىنغا يەتكۈزىدۇ، ــ دېدى.
[25] ئاندىن يۇسۇپ يەنە قېرىنداشلىرىغا قەسەم ئىچكۈزۈپ: «خۇدا
سىلەرنى چوقۇم يوقلايدۇ؛ شۇ چاغدا سىلەر مېنىڭ سۆڭەكلىرىمنى
ئېلىپ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىڭلار كېرەك»، ــ دېدى.
[26] يۇسۇپ بىر يۈز ئون ياشقا كىرگەندە ۋاپات تاپتى. ئۇلار ئۇنى مۇمىيا
قىلىپ، مىسىردا بىر مېيىت ساندۇقىغا سېلىپ قويدى.

---

24:50 **«خۇدانىڭ يوقلىشى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «يوقلاش» دېگەن بۇ پېئىل خۇدا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى، ئىنساننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**24:50** ئىبر. 11:22.

25:50 **«يوقلاش»** ــ توغرۇلۇق 24-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**25:50** مىس. 13:19؛ يە. 24:32.

# قوشۇمچە سۆز

## تەبىرلەر: -

### «خۇدا» دېگەن نام ئىبرانىي تىلىدا («ئەلوھىم») دەپ ئېلىنىدۇ

ئىبرانىي تىلىنىڭ مۇنداق قىزىق ئىككى ئالاھىدىلىكى بار. بىرىنچى، بەزى سۆزلەر پەقەت كۆپلۈك شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «سۇلار» («مايىم») دېگەن كۆپلۈك شەكىللا بار؛ «سۇ» دېگەن بىرلىك شەكىل يوق. «ئاسمانلار» («شامايىم») دېگەن كۆپلۈك شەكىللا بار؛ «ئاسمان» دېگەن بىرلىك شەكىل يوق. ئىبرانىي تىلىدا ئادەتتە «خۇدا» دېيەلمەيدۇ، «خۇدالار» («ئەلوھىم» ياكى «ئېلوھىم») دېيىلىدۇ، لېكىن مەنىسى يەنىلا «خۇدا»دۇر. «خۇدا» «بىرلىك شەكىل»دە ئىپادىلەنسە، «ئەل» دېيىلىدۇ، مەسىلەن «ئەل-شادداي» (ھەممىگە قادىر خۇدا). بۇ شەكىل ئاز ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىبرانىي تىلىدا «كۆپلۈك»نى بىلدۈرىدىغان ئىككى خىل «قوشۇمچە» بار. بىرىنچى قوشۇمچە «-وت» بولۇپ، «ئىككى»نى بىلدۈرىدۇ؛ ئىككىنچى قوشۇمچە «-ىم» ياكى «-ھىم» بولۇپ، «ئۈچ» ياكى «ئۈچتىن كۆپ»نى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «كىتاب» دېگەن سۆزنى تۈرلەپ كۆرسەتسەك ئۇنىڭ شەكىللىرى مۇنداق بولاتتى: —

«كىتاب» — بىرلا كىتاب

«كىتابوت» — ئىككى كىتاب

«كىتابىم» — ئۈچ ياكى ئۈچتىن كۆپ كىتاب.

ئىبرانىي تىلىدا «خۇدا» بىرلىك شەكلىدە ئىپادىلەنسە، «ئەل» دېيىلىدۇ. بىز بۇنى ئادەتتە «ئىلاھ» ياكى «تەڭرى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

ئەمدى يەنە «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1:1نى كۆرەيلى: — «مۇقەددەمدە خۇدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتتى».

دەرۋەقە، «خۇدا» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدىكى «ئەلوھىم» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، «ئەلوھىم» «كۆپلۈك»، يەنى «ئۈچ ياكى ئۈچتىن كۆپ» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك

پېئىل بولسا «بىرلىك شەكلى»دە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس كىتابنىڭ: — «مۇقەددەمدە خۇدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتتى» دېگەن بىرىنچى جۈملىسىدە «خۇدا» دېگەن سۆز «ئۈچ ياكى ئۈچتىن كۆپ» دېگەن شەكىلدە، يەنى «ئەلوھىم» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن پېئىل («ياراتتى») بولسا «بىرلىك شەكلى»دە ئىپادىلىنىدۇ. «ياراتتى» دېگەن پېئىل «ئىككىلىك شەكلىدە» ياكى «كۆپلۈك شەكلىدە» ئۇچرىمايدۇ.

ئىبرانىي تىلىدا ئەگەر بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى خۇدا «بىرىنچى شەخس» بىلەن ئىپادىلەنسە، ئۇنداقتا «ياراتتى» دېگەن پېئىل «ياراتتۇق» دېيىلمەي، يەنىلا «ياراتتىم» دېيىلەتتى.

دېمەك، مۇقەددەس كىتابنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە خۇدا كۆپلۈك شەخستە بولسىمۇ، بىرلا شەخستەك ئىش كۆرىدۇ، دېگەن ئۇقۇم پۈركىتىلىدۇ. كۆپ ئالىملار بۇ ئۇقۇمغا ئاساسەن خۇدا «ئۈچىنىڭ بىرلىكى» ياكى «ئۈچ بىر گەۋدە»، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە شۇنداق بىر ئىپادە مۇقەددەس يازمىلاردا بىۋاستە تېپىلمىسىمۇ، بۇ ھەقىقەتنى تەۋراتتا ھەم ئىنجىلدا روشەن كۆرسىتىلگەن بىر تەلىم، دەپ ئىشىنىمىز.

تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن خۇدانىڭ ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە «ئەلوھىم» دېگەن نام ئىشلىتىلگەن بولسا، شۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك خۇدانىڭ ھەرىكىتى «بىرلىك شەكلى»دىكى پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## پەرۋەردىگار دېگەن نام (ئىبرانىي تىلىدا «ياھۋەھ»)

تەۋراتتا «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆزنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى تەلەپپۇزى «ياھۋەھ» دەپ ئېلىنىشى مۇمكىن. «مىسىردىن چىقىش» دەۋرىدە مۇسا پەيغەمبەرگە ئاتا قىلىنغان ۋەھيي بويىچە بۇ نامنىڭ مەنىسى «ئەزەلدىن بار بولغۇچى»، «مەڭگۈلۈك بولغۇچى» ياكى «ئۆزۈم باردۇرمەن» دېگەندەك بولىدۇ («مىس.» 15:3). «ياھۋەھ» دېگەن نام «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 4:2دە بىرىنچى قېتىم ئىشلىتىلگەن. خۇدا ھەر قېتىم ئىنسان بىلەن ئەھدە بىكىتكەن چاغلىرىدا ياكى ئىنسان بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە سۆزلىگەن چاغلىرىدا ئاساسەن شۇ نام كۆرۈلىدۇ؛ سەۋەبى شۈبھىسىزكى، شۇ نام ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس ماھىيىتىنى، ئۆزلۈمەس كۆيۈمچانلىقىنى ۋە ئۆزگەرمەس

مېھرىبانلىقنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھەردائىم ھەربىر ۋەدە سۆزلىرىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. پارسچە «پەرۋەردىگار» دېگەن بۇ سۆز شۇ مەنىگە ئەڭ يېقىن كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى پەرۋەردىگار دېگەن سۆزنىڭ پارس تىلىدىكى مەنىسى «خەۋەر ئالغۇچى» «پەرۋىش قىلغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. بەزى ئالىملار ئۇنى يەنە «دائىم بولغۇچى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىدۇ.

بەزىدە شېئىرلاردا «ياھۋەھ» دېگەن نام «ياھ» دەپ قىسقارتىلىپ ئىلىنىدۇ.

## كىم يارىتىش جەريانىنى كۆرگەن؟

خۇدادىن باشقا ھېچكىم يارىتىش جەريانىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا گۇۋاھچى بولغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. «ئاسمان-زېمىن»نى ياراتقاندىن كېيىن ئاندىن پەرىشتىلەر گۇۋاھچى بولغان («ئايۇپ» 7:38). ئادەم خۇدانىڭ ئاخىرقى ياراتقىنى ئىدى. ئۇنداقتا، مۇسا پەيغەمبەر مەزكۇر كىتابتىكى «يارىتىلىش بايانلىرى»نى نەدىن ئالدى؟

جاۋاب شۇكى: — (1) خۇدا بۇلارنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئادەمئاتىمىزغا تاپشۇرغان، ئاندىن ئۇ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن خاتىرىلىگەن، ياكى (2) خۇدا بۇ خەۋەرلەرنى بىۋاستە ۋەھيى بىلەن مۇساغا تاپشۇرغان.

«يارىتىلىش خاتىرىلىرى»نىڭ راستىنلا خۇدانىڭ بىۋاستە ۋەھيلىرى ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىدىغان كۆپ ئىسپاتلار بار. تۆۋەندە ««يارىتىلىش خاتىرىسى»دە بولغان «يەتتە»لەر» توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ.

## خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىش جەريانىدا بىر «ئارىلىق» بولغانمۇ؟

1:1-2 «مۇقەددەمدە خۇدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتتى. ئۇ چاغدا يەر بولسا شەكىلسىز ۋە قۇپقۇرۇق ھالەتتە بولدى؛ قاراڭغۇلۇق چوڭقۇر سۇلارنىڭ يۈزىنى قاپلىدى...».

تەۋراتشۇناسلارنىڭ ئىككىنچى ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئاساسەن ئىككى خىل پىكرى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ پىكىرلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملايمىز: —

(1-پىكىر) «1- ۋە 2-ئايەتلەر ئاساسەن ئالەمنىڭ يوقلۇقتىن يارىتىلىشىنى تەسۋىرلەيدۇ».

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىنچى ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنى «ئۇ چاغدا يەر بولسا شەكىلسىز ۋە قۇپقۇرۇق ھالەتتە بولدى» ۋە شۇنداقلا «قاراڭغۇلۇق چوڭقۇر سۇلارنىڭ يۈزىنى قاپلىغانىدى» دەپ چۈشىنىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئايەت ئاساسەن خۇدانىڭ يارىتىش جەريانىنى باشلىغان چاغدىكى يەر-زېمىنىنىڭ ئەسلىدىكى «خام ئەشيا»سىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ بايان قىلىنىشىدۇر. بۇ پىكىرگە ئاساسەن، يارىتىلىش بىرىنچى كۈنى 1-ئايەت ھەم 2-ئايەتتە ئېيتىلغان ئىشلارنى ۋە 3-5-ئايەتتىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2-پىكىر) «شەكىلسىز ۋە قۇپقۇرۇق ھالەت» ھەم «قاراڭغۇلۇق» دېگەن ئىبارىلەر مەلۇم بىرخىل ئاپەتنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بايانىدۇر».

بۇ پىكىر بويىچە ئىككىنچى ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنى «ئۇ چاغدا يەر بولسا شەكىلسىز ۋە قۇپقۇرۇق ھالەتتە بولدى» ۋە شۇنداقلا «قاراڭغۇلۇق چوڭقۇر سۇلارنىڭ يۈزىنى قاپلىدى» دەپ چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداقلا 1-ئايەت ھەم 2-ئايەتتىكى ئىشلار ئارىسىدا ۋاقتى نامەلۇم بولغان بىر ئارىلىق بار. مۇقەددەس يازمىلاردىكى «شەكىلسىز ۋە قۇپقۇرۇق ھالەت» (ئىبرانىي تىلىدا «توخۇ ۋابوخۇ») دېگەن ئىبارە ئۇچرىغان باشقا يەرلەردىن بۇنداق پىكىرگە ئىسپات كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، «يەش.» 11:34 ۋە «يەر.» 23:4دە دەل بۇ ئىبارە ئىشلىتىلىپ، خۇدانىڭ جازاسىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبارىدىكى بىرىنچى سۆز («توخۇ» ــ «قۇرۇق» ياكى «بىكار») تەۋراتتا يىگىرمە قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يىگىرمە قېتىمنىڭ ھەممىسىدە سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. شەيتاننىڭ ئالەم ئاپىرىدە بولغاندا ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى توغرۇلۇق ۋەھىيلەر («يەش.» 14:4-23 ۋە «ئەز.» 28:11-16)گە قارىغاندا، مۇشۇ يەردىمۇ «شەكىلسىز ۋە قۇپقۇرۇق» ۋە «چوڭقۇر سۇلارنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق» دېگەن ھالەتلەر دەل شۇ ئىسياننىڭ نەتىجىسى دېگەن كۆزقاراش مەنتىقىغە تولىمۇ ئۇيغۇن بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئادەمئاتىمىز ئىبرەم باغدا تۇرغۇزۇلغان ۋاقتىدا ۋەزىپىسى: «ئىشلەپ، پەرۋىش قىلىش» ئىدى (15:2). ئىبرانىي تىلىدا ئىككىنچى سۆز «شامار» بولسا، «پەرۋىش قىلىش» «كۆزەت قىلىش» ياكى «قاراۋۇل بولۇش» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، مەلۇم دۈشمەننىڭ يېقىنلا يەردە ئىكەنلىكى پۇرۇتۇپ بېرىلىدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇ يەردە شۇ

دۈشمەننىڭ كەم ئىكەنلىكى بىۋاستە ئىپتىلمايدۇ.

يۇقىرىقى تېكىستتىكى ئىسپاتلارغا ئاساسەن بىز ئىككىنچى پىكىرگە مايىلمىز. ئىككىنچى پىكىردىكىلەر ئىچىدە «ئارىلىقتىكى ئايەت»نىڭ تەپسىلاتلىرى توغرۇلۇق يەنە بەش خىل پىكىر بار. شارائىتلار يار بەرسە بۇ پىكىرلەر توغرۇلۇق ئايرىم كىتابتا مۇزاكىرە قىلماقچىمىز. ئىشەنگىنىمىزدەك ئىككىنچى كۆزقاراش توغرا بولسىمۇ، تېكىستتە ئايەت چۈشۈرۈلۈپ، خۇدا «يارىتىش» ئىشىنى يېڭىدىن باشلىغىچە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى توغرۇلۇق مەلۇمات يوق؛ ئارىلىقتىكى ۋاقىت ئىنتايىن قىسقا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

## «سۇلارنى ئايرىش» — «سۇ قاتلىمى»

«ئاندىن خۇدا: «سۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بىر بوشلۇق بولسۇن ۋە سۇلار يۇقىرى-تۆۋەن ئىككىگە ئايرىلىپ تۇرسۇن» — دېدى. شۇنىڭ بىلەن خۇدا بىر بوشلۇق ھاسىل قىلىپ، سۇلارنى بوشلۇقنىڭ ئاستىغا ۋە بوشلۇقنىڭ ئۈستىگە ئايرىۋەتتى؛ ئىش ئەنە شۇنداق بولدى».

بۇ ئايەتلەرگە مۇمكىنچىلىكى بار بىر تەبىر شۇكى، خۇدا يەر-زېمىننى ياراتقاندا پۈتكۈل يەر شارىنى قاپلاپ تۇرغان سۇدىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر قاتلام بار ئىدى. ئۇنىڭدىكى شۇ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنى نورمال ھالەتتە يەر شارىغا ئۆتكۈزەتتى، لېكىن سۇ قاتلىمى يەر-زېمىنغا ئورنىتىلغان بىر «پارنىك»تەك بولاتتى؛ نەتىجىدە، پۈتكۈل يەر يۈزىدە، ھەتتا شىمال ۋە جەنۇبىي قۇتۇپلاردىمۇ مۆتىدىل، راھەتلىك تېمپېراتۇرىلارنى ھاسىل قىلاتتى؛ ئۇ قاتلام يەر يۈزىدىكى بارلىق جانىۋارلارنى زىيانلىق، ھاياتلىقنى ھالاك قىلغۇچى «بوشلۇق رادىياتسىيەسى»نىڭ تەسىرىدىن قوغدايتتى.

يەر شارىنىڭ ئىككى قۇتۇپىدا «تاشقا ئايلانغان» كۆپ خىل ئۆسۈملۈك ۋە جانىۋارلارنىڭ تېپىلغانلىقى شۇ قۇتۇپلارنىڭ ئەسلىدە ئىسسىق ياكى مۆتىدىل كىلىماتلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئېتىقادى بولغان كۆپ بىئولوگلارنىڭ قارىشىچە نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى توپاننىڭ يېرىمى شۇ «سۇ قاتلىمى»نىڭ غۇلىشىدىن ھاسىل بولغان، يېرىمى يەر ئاستىدىكى ۋولقانلىق ھەرىكەتلەردىن ھاسىل قىلىنغان، دەپ قارايدۇ — 7:11نى كۆرۈڭ. «سۇ قاتلىمى»نىڭ غۇلىشى ۋە ئۇنىڭدىكى «بوشلۇق رادىئاتسىيەسى»نى توسىدىغان «مۇداپىئەلىك قالقان»نىڭ ئېلىپ تاشلىۋېتىلىشى توپاندىن كېيىنكى ۋاقىتتا ئىنسانىيەتنىڭ

ئۆمرىنىڭ تۇيۇقسىز قىسقارغانلىقىنى چۈشەندۈرەلەيدۇ (مەسىلەن، نۇھ 950 يىل ئۆمۈر كۆرگەن (29:9)، ئىبراھىم 175 يىل ئۆمۈر كۆرگەن (7:25)، يۈسۈپ 110 يىل ئۆمۈر كۆرگەن (26:50).

يەنە بىر ئىشنى دەپ ئۆتكۈمىز بار؛ بىئولوگىيە پەنلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇرمەنلەر «كاربون 14 ($C^{14}$) ئارقىلىق دەۋر بېكىتىش» ئۇسۇلى بويىچە، نۇرغۇن «تاشقا ئايلانغان ھايۋانلار»غا بىرنەچچە مىليون يىللىق تارىخى بار دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار پەقەت بىرنەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى تىرىك بولغان ھايۋانلار بولۇشى مۇمكىن؛ چۈنكى بۇلارنىڭ: «نەچچە مىليون يىل بولۇشى»نى ئاتموسفېرا رادىئاتسىيەسىنىڭ توپان ۋاقتىدا تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىشى ھاسىل قىلغان، خالاس.

## «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دىكى «يەتتە كۈن» 24 سائەتلىك كۈنلەرمۇ؟

تارىختا، ئالىملارنىڭ بەزىلىرى: «يارىتىلىشتىكى «يەتتە كۈن» 24 سائەتلىك كۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلار سىمۋول خاراكتېرلىق بولۇپ، «يەتتە كۈن»نىڭ ھەربىرى ئۇزۇن بىر دەۋرنى ياكى ئېئوننى بىلدۈرىدۇ» دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دىكى باياناتلارنى ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا نەزەرىيەلىرى بىلەن، يەنى ئالەمنىڭ مىليون ياكى مىليارد (بىليون) يىللىق تارىخى بار دېگەن كۆزقاراشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتۇر.

مۇقەددەس يازمىلاردىكى بەزى يەرلەردە «كۈن» بىرنەچچە يىللارنى بىلدۈرگىنى بىلەن (مەسىلەن، «يار.» 4:2، «قان.» 8:12، 35:32، «يەر.» 7:30 ۋە «يو.» 15:1، 14:3، 18:3 ۋە «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نى كۆرسەتكەن ئايەتلەر) «بىرىنچى كۈن»، «ئىككىنچى كۈن» قاتارلىق ئىبارىلەر ياكى «كەچ بىلەن سەھەر» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئىشلىتىلگىنىدە (مەسىلەن، «يار.» 5:1، 8:1 قاتارلىقلار)، ئادەتتە نورمال 24 سائەتلىك كۈنلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1-بابتىكى «كۈن»نى ھېچقانداق باشقا مەنىدە چۈشىنىشنىڭ سەۋەبى ياكى ھاجىتى يوق، دەپ قارايمىز.

## «ئۆز تۈرلىرى بويىچە» دېگەن ئىبارە

مەسىلەن: «خۇدا يەنە: «يەر ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنى، ئۇرۇقلۇق ئۆتياشلارنى، مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەرنى تۈرلىرى بويىچە ئۆزىدە ئۈندۈرسۇن! مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقلىرى بولسۇن!» دېۋىدى، دەل شۇنداق بولدى؛ يەردىكى ئۆسۈملۈكلەرنى، يەنى ئۇرۇق چىقىدىغان ئۆتياشلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە، مېۋە بېرىدىغان، يەنى مېۋىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقلىرى بولغان دەرەخلەرنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە ئۈندۈردى» (1:12-13).

«ئۆز تۈرلىرى بويىچە» دېگەن ئىبارە 11-، 12-، 24- ۋە 25-ئايەتتە كۆرۈلدۇ. مۇشۇ ئىبارىدە كۆرسىتىلگەن ئاساسىي مەنە شۇكى، ھەربىر تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ياكى جانىۋار خۇدا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئاساسىي تەركىبى ۋە قۇرۇلمىسى بويىچە نەسلىنى قالدۇرۇپ كۆپىيىدۇ. ئىتلار جۈپلىنىپ نەسىللەنگەندىن كېيىن بەزىدە چوڭ، بەزىدە كىچىك كۈچۈكلەرنى كۈچۈكلىگىنى بىلەن، قالدۇرۇلغان نەسىللەر بەربىر ئىتلاردىن ئىبارەتتۇر، خالاس، باشقا بىرخىل جانىۋارلارغا ئايلاندۇرۇلغان ياكى «تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان» ئەمەس. دۇنيادىكى ھەربىر ئىت دۇنيادىكى باشقا ئىتلار بىلەن نەسىللىنەلەيدۇ، بىراق مۈشۈك ياكى مايمۇنلار بىلەن نەسىللىنەلمەيدۇ. مەلۇم بىر تۈرلۈك ھايۋان ھەرخىل شەكىل، رەڭدە، ۋە چوڭ-كىچىك بولغىنى بىلەن بۇلار بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتقىنىدەك «تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئىپادىلىرى» ئەمەس. ئەكسىچە نەسىلدىن-نەسىلگە ھەربىر ئىت ۋە مۈشۈك ئاساسىي گېن قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئۆيئوخشاش تۇرىۋېرىدۇ. دارۋىن تەشەببۇس قىلغان «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزىرىيەسى» بويىچە، مەلۇم ھايۋانلارنىڭ مەلۇم بىر تۈرى مۇھىتنىڭ بېسىمى ياكى ئۆزگىرىشى بىلەن، مىليونلىغان يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باشقا بىر ھايۋان تۈرىگە ئايلىنىدۇ؛ بىراق 250 يىلدىن بېرى پالېئونتولوگلار يەر يۈزىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن كولاپ-قېزىپ چىقارغان تاشقا ئايلانغان ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم تۈردىكى ھايۋاننىڭ باشقا بىرخىل ھايۋانغا ئۆزگىرىشىدىكى ئاتالمىش «ئارىلىقتىكى شەكلى»گە بىرەر مىسالمۇ تاپقان ئەمەس.

دارۋىننىڭ خۇداسىزلىقنى ئالغا سۈرمەكچى بولۇپ تەشەببۇس قىلغان «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى» توغرىسىدا سەھىپە چەكلىمىسى بولغاچقا مۇشۇ يەردە تەپسىلىي توختالمىدۇق. ھالبۇكى، ئۇنىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى» يېقىنقى يىللاردا «مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس» دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىي پەنلەرنى ئاساس قىلغان ئالىي مەكتەپلەر ئۇنىڭ ئورنىغا ھېچقانداق نەرسە تاپالماي قالدى. ئۇلار ياراتقۇچى بولغان خۇداغا ئىشىنىشنىڭ ئورنىغا، 250 يىللىق نەتىجىسىز كولاپ ئىزدەشلەردىن كېيىن ئۇلار يەنىلا قارىغۇلارچە «كۆنلەرنىڭ بىرىدە» ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىدىغان مەلۇم بىرخىل ئىسپاتنى كۈتۈشنى خالايدۇ.

## ئىنسان — «خۇدانىڭ ئوبراز-سۈرىتى»دۇر

### «ئۆز سۈرەت-ئوبرازىمىزدا، بىزگە ئوخشايدىغان قىلىپ ئىنساننى يارىتايلى» (26:1)

روشەنكى، خۇدا مۇشۇ يەردە پەرىشتىلەرگە سۆزلىگەن ئەمەس؛ چۈنكى پەرىشتىلەر ھېچقانداق نەرسىنى يارىتىش كۈچ-قۇدرىتىگە ئىگە ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسانلار ھېچقاچان «پەرىشتىلەرنىڭ ئوبرازى» ياكى «پەرىشتىلەرنىڭ سۈرىتى» دەپ تەسۋىرلەنگەن ئەمەس.

شۇڭا «ئەلوھىم» توغرىسىدىكى ئىزاھاتىمىزدەك، مۇشۇ يەردە خۇدا («ئەلوھىم»)نىڭ «يارىتايلى» دېگەن سۆزىدىن خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ «ئۈچ بىر گەۋدە» ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق بىر ئىپادىسى كۆرۈنىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

ئۇنداقتا، «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى» دېگەن ئىبارە نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «سۈرەت-ئوبراز» ۋە «ئوخشايدىغان» قىلىش بولسا جىسمانىي ئوخشاشلىقنى ئەمەس، بەلكى بىرخىل روھىي ئوخشاشلىقنى ھەم ئىچكى دۇنيادىكى ئوخشاشلىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ياغاچ ياكى تاشتىن جانسىز بىر مەبۇد ياساپ: — «مانا خۇدانىڭ ئوخشىشى!» دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ ۋە شۇنداق قىلىش تەۋراتتا قەتئىي مەنئى قىلىنغان. چۈنكى ئۇنداق جانسىز بىر نەرسىنى «خۇدانىڭ ئوخشىشى» دېيىش تىرىك خۇداغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. «خۇدانىڭ ئوبراز-سۈرىتى» ئىنساننىڭ روھىدا ۋە خاراكتېرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا دەسلەپتىن تارتىپ

بىز بۇ ئىشتا خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك مۇددىئا-مەقسىتىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز؛ خۇدانىڭ مەقسىتى دەل «ئىنسان مېنىڭ خاراكتېرىم ۋە تەبىئىتىمدە بولسۇن» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئۇلۇغ تەرىپى بار: — (1) ئىنسان پۈتكۈل ئالەمگە خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بولۇش. بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ تەرىپى شۇكى: (2) ئىنسان خۇدانىڭ ھەمراھلىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىغا ۋە ئويلىرىغا ئورتاق بولۇشى كېرەك. شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، خۇدانىڭ ئىنسانىنى يارىتىشى ئۆز كۆڭلىدىكى ئىشلارنى چۈشىنىدىغان بىر ھەمراھنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

خۇدانىڭ ئادەمئاتىمىزدىكى بۇ ئوبرازى ئۇنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئىنتايىن خۇنۇكلەشكەن، بۇزۇلغان ۋە ئىنساننىڭ خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلگەنىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ھەتتا گۇناھكار ئىنساندا يەنىلا خۇدانىڭ ئوبرازى گاھى چاغلاردا ئىپادىلىنىدۇ؛ مەسىلەن، بىر-بىرىمىزگە مېھرىبانلىق كۆرسەتسەك، تەبىئەتنىڭ كۆركەملىكىدىن ھۇزۇرلانساق ياكى ئۆزىمىز بىرەر نادىر ئەسەر ئىجاد قىلساقمۇ خۇدانىڭ تەبىئىتى قايتىدىن بىزدە بەزىدە ئەكس ئېتىدۇ.

خۇدانىڭ ئىنساندا بولغان «سۈرەت-ئوبراز»ى توغرىسىدىكى بىرنەچچە جەھەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. بۇ جەھەتلەرنى تولۇق شەرھلىمەكچى ئەمەسمىز، پەقەت ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ھەم ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان بىرنەچچە تېمىلارنى كۆرسەتمەكچىمىز: —

(ئا) خۇدا ئىنساننىڭ ئۆزىدەك مېھرىبان بولۇشىنى ھەم شۇ مېھرىبانلىقى بىلەن باشقىلارغا مېھىر يەتكۈزۈشىنى، ئۆزى نېمىدىن نەپرەتلەنسە، ئىنساننىڭمۇ شۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشىنى خالايدۇ؛ شۇنىڭدەك خۇدا ئۆزى كۆچۈرۈمچان، سەۋر-تاقەتلىك، رەھىمدىل، كۆيۈمچان ۋە سېخى بولغىنىدەك ئىنساننىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ  بارلىق ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىنساننىڭمۇ ئىگە بولۇشىنى خالايدۇ.

(ئە) خۇدا ئىنسانلارغا «يارىتىش قابىلىيىتى»نى ئاتا قىلغان — بۇ «يارىتىش قابىلىيىتى» بولسا ئۆزىنىڭكىدەك «يوق»تىن ئەمەس، بەلكى خام ئەشيالاردىن ياكى خام ماتېرىياللاردىن گۈزەل نەرسىلەرنى ياساش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت.

(ب) خۇدا ئىنسانلارغا تاللاش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغان (بۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ تاللاش دائىرىسى ئۇنىڭكىدەك كەڭ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە).

(پ) خۇدا ئەسلىدە ئىنسانلارغا يەر يۈزىدىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئىدارە قىلىش ئىمتىيازىنى، شۇنداقلا ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىش ھەمدە ئۇلارنى پەرۋىش قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئاتا قىلدى (26:1-27). بۇنىڭدىن بىز ئىنسانلارنىڭ خۇدانىڭ پۈتكۈل ئالەمنى ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

(ت) ئەر-ئايال مېھىر-مۇھەببەتلىك بولسا، خۇدانىڭ «سۈرەت-ئوبراز»ى شۇنىڭدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، شۇنىڭدەك خۇدانىڭ ئۆزىدە شۇنداق بىر مېھىر-مۇھەببەتنىڭ بارلىقى ئايان قىلىنىدۇ؛ ئىنجىلدا ئېيتىلغاندەك «خۇدا ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر» («1يۇھ.» 8:4).

ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك ئۇنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىق تەبىئىتىنى مىراس قىلىشى تۈپەيلىدىن، خۇدانىڭ ئىنساندا بولغان «سۈرەت-ئوبراز»ى تولىمۇ خۇنۈكلەشكەن ھەم بۇزۇلغان بولسىمۇ، خۇدانىڭ ئىنساندا بولغان ئۇلۇغ ۋە ئەبەدىي مۇددىئا-مەقسىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. خۇدانىڭ مەسىھ ئارقىلىق كەلتۈرگەن نىجاتىنىڭ مەقسىتى شۇكى، ئىنساننى ئۆزى بىلەن ئەسلىدىكى ئىناقلىق ئالاقىگە قايتۇرۇش، شۇنداقلا مۇقەددەس روھىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى»نى قايتىدىن يارىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ نىجاتنى مەسىھ ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان بارلىق مەسىھىيلەر (ئەيسانى رەب دەپ تونۇغۇچىلار) ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ تەييارلىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭغا تەشنا بولغان بارلىق كىشىلەرگە ئاتا قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.

## «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دىكى «يەتتە»لەر

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دېگەن كىتابنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى نۇسخىسىدا «يەتتە» دېگەن رەقەم كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە روشەنكى، مۇقەددەس كىتابتا «يەتتە» دېگەن رەقەم كۆپ قېتىم «مۇكەممەللىك» ياكى «تاماملانماق» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ خۇدانىڭ قىلغانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەرلىرى ئاز ئەمەستۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت تۆۋەندە 1:1-2:3تىكى بىرنەچچە مىساللارنىلا كۆرسىتىمىز: —

(ئا) «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ يەتتە كۈنى بار.

(ئە) «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ مۇشۇ بىرىنچى قىسمىدا (1:1-3:2دە) يەتتە ئابزاس بار.

(ب) 1-ئايەتتە يەتتە سۆز بار؛ مۇشۇ جۈملىدە 28 ھەرپ، يەنى 7x4 ھەرپ بار.

(پ) 2-ئايەتتە 14، يەنى 7x2 سۆز بار؛

(ت) بۇ قىسمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى كۆرسىتىدىغان ئۈچ ئىسىم بار، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىشلىتىلىش سانى يەتتىنىڭ مەلۇم ھەسسىسى بولىدۇ: (i) «خۇدا» («ئەلوھىم») دېگەن سۆز 35 قېتىم (5x7) كۆرۈنىدۇ؛ (ii) «زېمىن» دېگەن سۆز (ئەرەتس) 21 قېتىم (3x7) كۆرۈنىدۇ؛ (iii) «ئاسمان» (ياكى «ئاسماندىكى بوشلۇق») («شامايىم») 21 قېتىم (3x7) كۆرۈنىدۇ؛

(چ) يەتتە ئاساسىي ئىش توغرۇلۇق «ھاسىل قىلىنسۇن» ياكى «ھاسىل بولسۇن» دەپ ئېيتىلىدۇ.

(ج) بىرىنچى ئابزاستا «يورۇقلۇق» ۋە «كۈن» جەمئىي يەتتە قېتىم كۆرۈنىدۇ.

(خ) 2- ۋە 3- ئابزاستا «سۇلار» دېگەن سۆز يەتتە قېتىم كۆرۈنىدۇ.

(د) 5- ۋە 6-ئابزاستا ئىبرانىي تىلىدا «ھايات» دېگەن سۆز يەتتە قېتىم كۆرۈنىدۇ.

(ر) «ياخشى كۆرۈنىدۇ» دېگەن ئىبارە يەتتە قېتىم كۆرۈنىدۇ.

(ز) يەتتىنچى ئابزاستىكى مەركىزىي سۆز دەل «يەتتىنچى كۈن».

(ژ) يەتتىنچى ئابزاستا (يەتتىنچى كۈن توغرۇلۇق) (1:2-3دە) جەمئىي 35 سۆز بار؛ ئوتتۇرىدىكى ئۈچ ئىبارىنىڭ ھەرقايسىسىدا يەتتە سۆز بار ۋە ھەرقايسىسىدا «يەتتىنچى» دېگەن سۆز كۆرۈنىدۇ.

ئىبرانىي تىلىدىكى ھەربىر ھەرپ رەقەمنىمۇ بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، «ئالەف» (ئا) 1نى، «بەت» (ئە) 2نى بىلدۈرىدۇ). «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ بۇ بىرىنچى قىسمى (1:1-3:2)دىكى «تىزىلغان ھەرپلەر» سان دەپ قارالسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭدا 150دىن ئارتۇق «يەتتە»گە مۇناسىۋەتلىك ئاجايىب ماتېماتىكىلىق ئەمەل كۆرۈنىدۇ. «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دا «يەتتە» دېگەن رەقەمنىڭ شۇنداق تىلسىمات ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مەزكۇر يازمىنى يازدۇرغۇچىنىڭ خۇدانىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا خۇدانىڭ مۇكەممەللىكى ياراتقان ئالەمدە روشەن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، «7» دېگەن رەقەم مۇقەددەس كىتابتا دائىم دېگۈدەك «مۇكەممەللىك» ياكى «تاماملىماق» دېگەن مەنىلەرنى سۈرەتلەيدۇ ياكى كۆرسىتىدۇ).

## «خۇدا ئارام ئالدى»

«خۇدا ئارام ئالدى» دېگەن ئىبارە دېگەن شەرھچى ئالىملارنى سەل قايماقتۇرۇپ كەلگەن. ئىبرانىي تىلىدىكى «ئارام ئېلىش» («شابات») دېگەن سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى «توختاش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرسىمۇ، يەنىلا «ئارام ئېلىش» دېگەن مەنىسىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇدا كېيىن ئىسرائىل خەلقىگە ھەربىر يەتتە كۈن ئىچىدە بىر كۈننى دەم ئېلىش كۈنى قىلىڭلار، دەپ ئەمر قىلغان؛ شۇ كۈنى «شابات كۈنى» دەپ ئاتالغان. لېكىن خۇدانىڭ ئۆزى ئەسلا چارچىمايدۇ ھەم ھېرىپ قالمايدۇ («يەش.» 28:40). ئۇنداقتا ئۇ قايسى جەھەتتە «ئارام ئالدى»؟

بۇ سۆز خۇدا ئۆزى ھەممە نەرسىنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغانلىرىدىن «راھەتلىنىپ» ھۇزۇر ئېلىشىنى كۆرسەتكەن ئەمەسمۇ؟ تەۋرات «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دېگەن قىسمىنى ئوقۇغانسېرى، مەسىلەن 1:4، 10، 18، 21، 25 ۋە بولۇپمۇ 31-دە دەل شۇنداق ئىش پۈرىتىلىدۇ: ــ «خۇدا ھەممە ياراتقىنىغا قاراپ تۇردى، مانا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ياخشى ئىدى». ئىنسان «خۇدانىڭ ئوبرازى بويىچە يارىتىلغان» بولۇپ، ئۇلارمۇ بىرەر ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئوخشاشلا «ئارام ئالغاچ» ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانمامدۇ؟

«خۇدانىڭ ئاراملىقى» ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتە «چارچىغىنى»دىن ئەسلىگە كېلىشى ئەمەس، بەلكى ئىبرانىي تىلىدىكى «شابات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۇزۇرلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. «شابات»نىڭ بىرىنچى مەنىسى «توختاش»، ئۇنىڭ «ئارام» دېگەن مەنىسىمۇ بار («ئارام» ئىبرانىي تىلدا «نوخام» دېگەن سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزدىن «نۇھ» دېگەن ئىسىم چىقىدۇ («يار.» 29:5نى كۆرۈڭ). ئىنجىلدا، بولۇپمۇ «ئىبر.» 4-بابتا، بىزگە بۇ ئۇلۇغ تېما ئۈستىدىكى تېخىمۇ كۆپرەك ۋەھىيلەر تەمىنلىنىدۇ. شۇ مەكتۇپتىكى «قوشۇمچە سۆز»، «خۇدانىڭ ئاراملىقى» ئۈستىدىكى سۆزلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

# ئىنسانلارنىڭ سىنىلىشى - «ھاياتلىق دەرىخى» ۋە «ياخشى بىلەن يامانىنى بىلگۈزگۈچى دەرەخ»

بەزىلەر: «خۇدا ئىنساننىڭ «ياخشى بىلەن يامانىنى بىلگۈزگۈچى دەرەخ»نىڭ مېۋىسىنى يېيىشىنى چەكلىگەن بولسا نېمىشقا ئۇنى ئېرەم باغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكىپ قويىدۇ؟» ياكى بولمىسا «نېمىشقا خۇدا ئادەمئاتىمىز ياكى ھاۋائانىمىزنىڭ شۇ مېۋىنى يېيىشىنى توسمىغان؟» دېگەن سوئاللارنى قويىدۇ. بۇنداق سوئال ئىمانسىزلىق نۇقتىئىنەزىرىدىن قويۇلغان بولسۇن-بولمىسۇن ئۇنىڭغا جاۋاب تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئاۋۋال يۇقىرىقى سوئالدىن باشقا «ئىنساننىڭ ماھىيىتى نېمە؟» ۋە «خۇدانىڭ ئىنساندا بولغان مەقسىتى نېمە؟» دېگەن ئىككى سوئالغا جاۋاب بېرىپ باقايلى.

بىز يۇقىرىدا خۇدا ئىنساننى ئۆزى بىلەن ئالاقىدە بولۇپ سىرداش بولسۇن، ۋە شۇنىڭدەك ئۆزى ئىنساننى سۆيگەندەك ئىنسانمۇ ئۆزىنى سۆيسۇن، دېگەن ئارزۇ-ئىستەك بىلەن ئۇنى ئۆز سۈرەت-ئوبرازى بويىچە ياراتقان، دېدۇق. شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، سۆيۈش ياكى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىشەنچ، تاللاش ۋە تايىنىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرەم باغدا ئىنساننىڭ خۇداغا بولغان ئىمان-ئىشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ۋاستە بولۇشى كېرەك ئىدى؛ ئەينى چاغدا شۇ يول دەل «ياخشى-يامانىنى بىلگۈزگۈچى دەرەختىن يېمەسلىك» ئىدى. دېمەك، خۇداغا ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىكنى تاللاش يولى مەۋجۇت ئىدى؛ چۈنكى تاللاشمۇ مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. باي ۋە كۈچلۈك ئادەمنىڭ كۆڭلى مەلۇم بىر قىزغا چۈشكەن بولسا، باي بولغىنى ئۈچۈنلا قىز ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشقا رازى بولغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بىراۋ بىر توپ لۈكچەكنى يالالاپ بىر قىزنى قورقىتىپ، ئۆزىگە تېگىشكە مەجبۇرلىسا، بۇنداق نىكاھنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ياكى بىرسى سېھىرگەرلىك ئىشلىتىپ، بىر قىزنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ماشىنا ئادەمدەك كونترول قىلىۋالسا بۇنىڭمۇ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئۇنداق ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتە مۇھەببەت مەۋجۇت بولالامدۇ؟ باي ئادەم شۇنداق قىلسا، ئەسلىدە ئۇنىڭ شۇ قىزغا نىسبەتەن ھېچقانداق ھەقىقىي مۇھەببىتى ياكى ھۆرمىتى بولمىغان بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇ قىزنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ئەركىنلىكىگە يول قويمىدى. قىز ئاخىرى ئۇنىڭغا باغلانغان بولسا، قىزنىڭ مۇھەببىتى بىر يەردە تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھەقىقىي مەنىدىكى ئامراقلىقمۇ بولمايدۇ. خۇدا ئىنساننىڭ

ئۆزىنى سۆيۈشنى خالايدۇ؛ لېكىن بۇنداق سۆيۈشنىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئىنسانغا نىمە بەرگەنلىكى ياكى بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ خۇدا بولغىنى ئۈچۈن، ياراتقۇچىسى بولغىنى ئۈچۈن بولۇشنى خالايدۇ؛ ئۇ يەنە ئىنساننىڭ ئۆزىنى سۆيۈشكە مەجبۇرلىنىدىغان بىرخىل ماشىنا ئادەمدەك بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنساننىڭ ئېرەم باغدا خۇداغا ھەقىقىي بىرخىل مېھىر-مۇھەببەت باغلىشىغا ۋە شۇ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ ئۆسۈشكە ئېرەم باغدا مەلۇم ئىشىنىش ۋە تاللاش مۇمكىنچىلىكى بولۇشى كېرەك ئىدى.

بىز يەنە بايقايمىزكى، خۇدا ئىنسانغا «ياخشى بىلەن يامانىنى بىلگۈزگۈچى دەرەخ»نىڭ مېۋىسىنى يېيىشنىڭ نەتىجىسى ئۆلۈم بولىدىغانلىقىنى سىناق قىلىپ ئىسپاتلاپ بەرمىگەن. خۇدانىڭ ئۇلارغا ئېيتسىل مېۋە-چېۋىلەرگە تولغان بىر گۈزەل باغنى تەقدىم قىلىشى ئۆزىنىڭ ئۇلارغا باغلىغان مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك پاكىت بولۇشى كېرەك ئىدى. ئىنسانلار «ياخشى بىلەن يامانىنى بىلگۈزگۈچى دەرەخ»نىڭ مېۋىسىدىن يېمەسلىكى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خۇداغا: «سېنىڭ بىزگە نېمە ئىشلارنىڭ ياخشى، نېمە ئىشلارنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتە ساڭا تايىنىمىز» دەپ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك ئىدى؛ قىسقىسى، ئىنساندا خۇداغا تولۇق تايىنىپ ياشاش پۇرسىتى بار ئىدى. ئەكسىچە، ئادەمئاتىمىزنىڭ شۇ مېۋىنى يېيىشى — نېمە ئىشلارنىڭ ياخشى، نېمە ئىشلارنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بېكىتىشتە خۇداغا تايانماي ياشاشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلغىنىغا باراۋەردۇر. خۇدا بىر مەزگىلدىن كېيىن سىناش دەرىخىنى باغدىن ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى؛ لېكىن بۇ توغرىسىدا بىزگە كىتابتا ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

ئىككىنچى دەرەخ، يەنى سىرلىق «ھاياتلىق دەرىخى» توغرۇلۇق خۇدا ئادەمئاتىمىزغا ھېچقانداق ئايرىم بىر ئەمر بەرمىگەنىدى؛ لېكىن باغچىدىكى بارلىق دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى توغرۇلۇق: «خالىغىنىڭچە يېسەڭ بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا ئادەمئاتىمىز «ھاياتلىق دەرىخى»نىڭ مېۋىسىنمۇ باغچىدىكى باشقا دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى يېگەندەك يېسەم بولىدۇ، دەپ چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىز باغچىدىن ھەيدىۋېتىلگەندە، پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مانا، ئادەم بىزلەردىن بىرىگە ئوخشاپ قالدى، ياخشى بىلەن يامانىنى بىلدى. ئەمدى قولىنى ئۇزىتىپ ھاياتلىق دەرىخىدىن ئېلىپ يەۋېلىپ، تا ئەبەدگىچە ياشاۋەرمەسلىكى

ئۇچۇن ئۇنى توسۇشىمىز كېرەك». شۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ئۇ ھاياتلىق دەرىخىدىن يېمىگەن.

ئادەمئاتىمىز شۇ دەرەختىن يېگەن بولسا، ئۇنىڭ «ئەبەدگىچە ھايات قالىدىغىنى»نى بىلدۇق. بۇنداق بىباھا ئىلتىپاتنى پەقەت بىرنەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن رەب ئەيسا مەسىھ ئۆز سۆزى بىلەن ئىنسانلارغا ئاچقان: ــ

«ئەرشتىن چۈشكەن ھاياتلىق نېنى ئۆزۈمدۇرمەن؛ كىمدەكىم بۇ ناندىن يېسە، ئەبەدىلئەبەدگىچە ياشايدۇ. مەن بېرىدىغان شۇ نان بولسا مېنىڭ ئەت-تېنىمدۇر، پۈتكۈل دۇنيادىكىلەر ھاياتقا ئىگە بولسۇن دەپ، مەن ئۇنى ئاتىماقچىمەن» («يۇھ.» 6:51).

ئۇ شۈبھىسىزكى، ئېرەم باغدىكى «ھاياتلىق دەرىخى»نىڭ مېۋىسى ئىدى ــ ئۇ ئىنسانغا مەڭگۈلۈك ھاياتنى يەتكۈزىدىغان مېۋە (نان)دۇر. بۇ ئىش ئارقىلىق خۇدا توغرۇلۇق ئاجايىب بىر ئىشنى ئۆگىنىمىزكى، ــ خۇدا بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىنى يوشۇرىدۇ. ئۇ «ھاياتلىق دەرىخى» توغرۇلۇق بىۋاستە ھېچقانداق ئەمر بەرمىگەن ــ لېكىن ئادەمئاتىمىز دەرەخنىڭ نامىغا يوشۇرۇنغان مەنە توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلانغان بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدىن يېگەن بولاتتى. خۇدا بىزنىڭ ئۆزىنى ئىختىيارەن تاللىۋېلىشىمىزنى خالايدۇ. خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھدە بولغان شان-شەرىپى ۋە ھاياتى بولسا، روھىي تەلپۈنۈشى بار ۋە روھىي كۆزلىرى ئوچۇق ئادەملەرگە روشەن ئاشكارىلانغانىدى؛ لېكىن باشقىلار ئۇنى پەقەت پەلەستىننى كېزىپ يۈرىدىغان، سەرگەردان بىر ياغاچچى دەپلا بىلدى؛ ئۇنىڭ مۆتىلەق غورىگىل تۇرمۇشتا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى پادىشاھ قىلماقچى بولغان سىياسىي پىلانلىرىنى مۆتىلەق رەت قىلغانلىقى مۇشۇنداق كىشىلەرگە نىسبەتەن يەشكۈسىز بىر تېپىشماق ئىدى. خۇدا كۆزلىرىنى ئاچقان، مەسىھنى ھەقىقىي سالاھىيىتىدە كۆرگەن كىشى دەرھەقىقەت بەختلىكتۇر!

## «ئادەمئاتا بىلەن ئايالى ھەر ئىككىسى يالىڭاچ بولسىمۇ، ھېچ ئۇيالمايتتى» (25:2)

بىر ئاجايىب ئىش شۇكى، ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىز «ياخشى بىلەن ياماننى بىلگۈزگۈچى دەرەخ»تىن يېگەندىن كېيىن ئۇلار دەرھال ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى سەزدى ۋە ئۇيىلىپ كەتتى. بۇ يەردە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر سوئال پەيدا بولىدۇ:

«ئۇلار بۇ ئىشتىن ئىلگىرى يالىڭاچ بولسىمۇ نېمىشقا نومۇس قىلمىدى؟».

بىز يۇقىرىدا ئىنساننىڭ خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى بولغانلىقى ئۈستىدە ئازراق توختالدۇق. زەبۇردا قىزىق بىر بايان تېپىلىدۇ: —

«پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇر، ئى جېنىم!
ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، ئىنتايىن ئۇلۇغسەن؛
شانۇ-شەۋكەت ۋە ھەيۋەت بىلەن كىيىنگەنسەن؛
يورۇقلۇقتا لىباستەك يۆركەنگەنسەن،
ئاسمانلارنى چېدىر پەردىسى كەبى يېيىپ قويغانسەن» («زەب.» 104:1-2).

بۇ بایاندىن شۇنى پەرەز قىلالايمىزكى، ئىنسان «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى»دە بولغاچقا، بىرخىل نۇر ئۇلارنىڭ تېنىگە كىيىم-كېچەكتەك ئورالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تېنى پارلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار گۇناھ سادىر قىلغاندا بۇ «نۇرلۇق كىيىم» يوقىلىپ، ئۇلار ئۇياتتا قالدى.

ھازىر بولسا گۇناھ ئىنسان تەبىئىتىدە يىلتىز تارتىپ كەتتى. ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىزنىڭ يالىڭاچ يۈرۈشى ئەسلىدە پاك ئىش بولغان بولسىمۇ، ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، خەلقئالەم ئالدىدا بەدىنىنى ئوچۇق قويۇش ھېچقايسى ۋاقىتتا خۇدانىڭ ئىرادىسى بولغان ئەمەس.

«سەن ئۇنىڭ (مېنى قىلىنغان مېۋە)دىن يېگەن كۈنۈڭدە جەزمەن ئۆلىسەن» (17:2)

ئادەمئاتىمىز گۇناھ قىلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ 930 يىل ياشىغان (5:3-5)؛ شۇڭا «يېگەن كۈنۈڭدە جەزمەن ئۆلىسەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ بەزى ئالىملار ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «كۈن»نى بىر مىڭ يىل دەپ قارايدۇ («2پېت.» 8:3). شۇنىڭدا گۇمان يوقكى، ئادەمئاتىنىڭ جىسمانىي ئۆلۈمى ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ نەتىجىسى ئىدى — دەرۋەقە يەر يۈزىدىكى بارلىق ئۆلۈم-يېتىملار ئۇنىڭ گۇناھى ئارقىلىق پەيدا بولدى («رىم.» 12:5) — ھالبۇكى، «جەزمەن ئۆلىسەن» دېگەن سۆزدە كۆرسىتىلگەن ئۆلۈم بولسا، شۈبھىسىزكى، بىرىنچىدىن روھىي جەھەتتىكى ئۆلۈم، ئىككىنچىدىن

جىسمانىي ئۆلۈمدىن ئىبارەتتۇر. گۇناھ قىلىش بىلەن ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىزنىڭ روھلىرى ئۆلدى، «خۇداغا نىسبەتەن ئۆلدى»، يەنى ئۇلار خۇدادىن ئايرىلدى. بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق، ھەقىقىي ئۆلۈمدۇر؛ ئۇنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى ياكى مېۋىسى دوزاختۇر. «يۇھ.» 21:5-25، «ئەف.» 1:2، 5، «كول.» 13:2، «ۋەھ.» 3:1نى كۆرۈڭ. دېمەك، گۇناھ سەۋەبىدىن ئىنساننىڭ روھىدا مەۋجۇت بولغان، خۇدا بىلەن ئالاقىدە ياشاش ئىمكانىيىتى ئۈزۈلدى. ئادەمنىڭ روھى خۇدا بىلەن ئەركىن ئالاقە باغلاشنىڭ ئورنىغا، ئۆز تېنىدىكى ۋە كاللىسىدىكى ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە ئەسىر بولۇپ قالدى. ئىنسانلار شۇ دەرىجىدە شەخسىي ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە ئىشتىياق باغلاپ بېقىندى بولغانكى، نۇھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە خۇدا: «ئىنسان ئەتتۇر» دەپ بايان قىلغاندى («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 3:6). دېمەك، ئىنسان ئۆز جىسمانىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالغاندى — ئىنساندا ھېچقانداق روھىي ھاياتنىڭ ئىزناسى قالمىغاندى.

ئوقۇرمەنلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئايەتلەردىن كۆرەلەيدۈكى، مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشتىكى مەقسىتى ئىنسانلارنى ئۆز روھىي ئۆلۈمدىن ئويغىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئادەمئاتا ۋە ھاۋائانىمىز گۇناھ قىلغاندىن كېيىن خۇدانىڭ ئۇلارغا ئېيتقان سۆزلىرى ۋە قىلغان مۇئامىلىسى؛ خۇدانىڭ ئۇلارغا تېرىلەردىن كىيىم قىلىپ كىيدۈرۈشى

ئادەمئاتىمىز گۇناھ قىلغاندىن كېيىن بىزنىڭ ئويلىغىنىمىز بەلكىم ئاسماندىن چاقماق-گۈلدۈرماما چۈشۈپ، خۇدا ياكى پەرىشتىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى جاكارلىغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئادەمنى ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، پەرۋەردىگار ئۆزى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارغا مۇلايىم تەلەپپۇزدا سۆز قىلدى (دەرۋەقە 3-بابتىن بىلىمىزكى، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ سۆزلىشىش ئادىتى بولغان). بۇنى كۆرگەن ئادەمئاتىمىز، ھاۋائانىمىز مۆكۈنۈۋالدى. بىز كېيىنكى ئىشقا يەنە ھەيران قالىمىز؛ چۈنكى خۇدا ئادەمنى چاقىرىپ: «سەن نەدە؟» دەپ سورايدۇ. خۇدادىن قورققۇچى ھەممە ئادەم خۇدانىڭ بارلىق ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى، ھېچقانداق سوئال سوراشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىدۇ! لېكىن خۇدانىڭ شۇ سوئالى ئادەمئاتىمىزغا ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى ئۆزلۈكىدىن ئېتىراپ قىلىشقا پۇرسەت تەمىنلەيدۇ. ئۇ بۇ پۇرسەتتىن

پايدىلانمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ يالغاچ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇيات بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ: «سەن... يېگەنمۇ؟» دېگەن يەنە بىر سوئالنى سورايدۇ. خۇدانىڭ بىرىنچىدىن ھاۋائانىمىزدىن ئەمەس، بەلكى ئادەمئاتىمىزدىن بۇ سوئالنى سورىشىدىكى سەۋەب، ئادەمئاتىمىز بۇ ئىشتا ھەقىقىي گۇناھكار ئىدى؛ ھاۋائانىمىز شۇ ئىشتا ئالدىنىپ ئازدۇرۇلغۇچى ئىدى («1تىم» 2:14نى كۆرۈڭ)، لېكىن ئادەمئاتىمىز گۇناھ قىلغاندا نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزى ئېنىق بىلەتتى.

خۇدانىڭ ئىككىنچى سوئالغا قارىتا ئادەمئاتا ئۆز جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماي: — «سەن ماڭا ھەمراھ بولۇشقا بەرگەن ئايال دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ماڭا بەرگەندى، مەن يېدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئادەمئاتىمىزدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئىنسانلار باشقا كىشىلەرنى ئەيىبلەش ياكى دۆڭگەپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ كەلمەكتە. ئادەمئاتىمىز ئاۋۋال ئايالىنى، ئاندىن ھەتتا ئەسلىدە ھاۋائانىمىزنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان خۇدانىڭ ئۆزىنىمۇ ئەيىبلەيدۇ. ئەر كىشىگە نىسبەتەن ئايال كىشى ئەڭ قىممەتلىك سوۋغاتتۇر، لېكىن ئادەمئاتىمىزنىڭ سۆزىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇ نۇقتىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندى. خۇدا بۇنداق مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى بىر دەقىقىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ كېيىن ھاۋائانىمىزغا گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىشقا پۇرسەت بېرىدۇ، لېكىن ئۇمۇ مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ: «يىلان مېنى ئالداپ ئازدۇرسا، مەن يەپ ساپتىمەن» دەيدۇ.

خۇدانىڭ ئىنسانلاردىن گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئىزدىگەنلىكىدىن شۇ ھەقىقەتنى كۆرىمىز: — ئىنسان نېمە گۇناھ سادىر قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇدا ئالدىدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ باھانە كۆرسەتمەي، تولۇق تونۇپ يەتكەن بولسا، ئۇنداقتا خۇدا گۇناھىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ نىجاتىنى يەتكۈزىدۇ. ئىنسانلار خۇدانىڭ رەھمىي ۋە شاپائىتىگە ئېرىشىشتىكى بىردىنبىر شەرت مۇتلەق سەممىيلىكتۇر. خۇدا ئۆز ئالدىدا پۈتۈنلەي سەممىيلىك بىلەن گۇناھلىرىغا يۈزلەنگەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؛ ئۇنداق شارائىتلاردا ئۇنىڭ ياردىمىنىڭ ھېچقانداق چېكى يوقتۇر: —

«ئۆز گۇناھلىرىنى يوشۇرغان كىشى روناق تاپماس؛

بىراق ئۇلارنى تونۇپ ئىقرار قىلىپ، توۋا قىلغان كىشى رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشەر» («پەند.» 13:28).

خۇدا ئاخىردا دىققىتىنى يىلانغا قارىتىپ سۆزلەيدۇ؛ لېكىن ئۇ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سوئال سورىمايدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، يىلان ئىبلىسنىڭ ئاغزى بولغاچقا، ئۇنىڭغا توۋا قىلىشقا ھېچقانداق پۇرسەت يوقتۇر. ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا بىر لەنەت ئوقۇلىدۇ؛ لەنەتنىڭ مەزمۇنى ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىزنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن نىجات توغرۇلۇق بىر ۋەدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ قىممەتلىك ۋەدىنى ھازىر كۆرەيلى: —

پەرۋەردىگار خۇدا يىلانغا مۇنداق دېدى: —

«سەن بۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن،
سەن ھەممە مال-چارۋىلاردىن،
دالىدىكى بارلىق ھايۋاناتلاردىن بەكرەك لەنەتكە قالىسەن؛
قورسىقىڭ بىلەن بېغىرلاپ يۈرۈپ،
ئۆمرۈڭنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە توپا يەيسەن.
ۋە مەن سەن بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىغا،
سېنىڭ نەسلىڭ بىلەن ئايالنىڭ نەسلىنىڭ ئارىسىغا ئۆچمەنلىك سالىمەن،
ئۇ سېنىڭ بېشىڭنى دەسسەپ زەخىملەندۈرىدۇ،
سەن قويۇپ ئۇنىڭ تاپىنىنى چىقىپ زەخىملەندۈرىسەن» (3:14-15)

بىز بۇ لەنەتنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرەيلى: —

(ئا) «سەن ھەممە مال-چارۋىلاردىن،
دالىدىكى بارلىق ھايۋاناتلاردىن بەكرەك لەنەتكە قالىسەن؛
قورسىقىڭ بىلەن بېغىرلاپ يۈرۈپ،
ئۆمرۈڭنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە توپا يەيسەن»

مۇشۇ ئايەتلەردىن قارىغاندا، شەيتاننىڭ ۋەكىلى بولغان يىلان ئەسلىدە تىك ھالەتتە يۈرىدىغان بولۇشى مۇمكىن. ھەرقانداق يىلاننىڭ ئىسكىلىتلىرىدىكى ئۇمۇرتقىسىنىڭ يېنىدا تۆت كىچىك ئۇستىخان بار. «تەدرىجىي تەرەققىيات»نى تەشەببۇس قىلغۇچىلار: — بۇ ئەسلىدە پۇت ئىدى، «تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا يوقاپ كەتكەن» دەپ قارايدۇ؛ لېكىن يوقاپ كېتىشى «تەدرىجىي تەرەققىيات» ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ لەنىتى بىلەن بولغان. «توپا يېيىش» دېگەن سۆزلەر نومۇسقا قالغان ھالەتنى تەسۋىرلەيدۇ. يىلانلارنىڭ ئوزۇقى توپا ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرىگە ھامان توپا ئارىلىشىپ كېلىدۇ.

(ئە) يىلان (ۋە شەيتان) بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك: —
«سەن بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىغا ... ئۆچمەنلىك سالىمەن». ئايال كىشىلەر بىلەن يىلانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك ھەممىگە ئاياندۇر؛ لېكىن شەيتاننىڭ قىز-ئاياللارغا پەۋقۇلئاددە ئۆچى باردۇر. بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بىر قىسمى ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمىدا تېپىلىدۇ: —
(ب) «شەيتاننىڭ نەسلى» بىلەن «ئايالنىڭ نەسلى»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك: —

«مەن ... نەسلىڭ بىلەن ئايالنىڭ نەسلىنىڭ ئارىسىغا ئۆچمەنلىك سالىمەن».
«ئايالنىڭ نەسلى» دېگەننىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئىنتايىن قىزىق بىر ئىش. بارلىق مۇقەددەس يازمىلاردا ئىنسانلارنىڭ نەسەبنامىلىرى كۆرسىتىلگەندە ھەركىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى دائىم دېگۈدەك ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن خاتىرىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ يەردە تېپىلغان «ئايالنىڭ نەسلى» دېگەن ئىبارە ئىنتايىن سىرلىقتۇر. ئايالنىڭ نەسلى ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمىدا شەيتاننى مەغلۇپ قىلغۇچى بولۇپ كۆرۈنىدۇ — ئۇ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.
ھالبۇكى، تەۋرات دەۋرىدە بۇ بېشارەتنىڭ تەپسىلاتلىرى پەقەت بىرنەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن يەشايا ۋە يەرەمىيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلىدۇ («يەش.» 14:7، «يەر.» 22:31) ئاندىن ئىنجىلدا «ۋەھيي» 12-بابتا تېخىمۇ ئېنىقلاشتۇرۇلىدۇ؛ شۇ يەردە «ئايالنىڭ نەسلى» ئاۋۋال مەسىھنىڭ ئۆزى ئاندىن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئىكەنلىكى دېيىلىدۇ.
ئەگەر «ئايالنىڭ نەسلى» مەسىھ بولسا، ئۇنداقتا «يىلاننىڭ نەسلى» بەلكىم «مەسىھنىڭ رەقىبى»، يەنى «دەججال»نى كۆرسىتىشى كېرەك.

(پ) شەيتان بىلەن «ئايالنىڭ نەسلى» ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان كۈرەش: —
بۇ كۈرەش تولىمۇ كەسكىن بولىدۇ. «ئۇ سېنىڭ بېشىڭنى دەسسەپ زەخىملەندۈرىدۇ» — دېمەك، «ئايالنىڭ نەسلى» شەيتانغا ئادەم يىلاننىڭ بېشىنى دەسسەپ يەنجىشتەك ئەجەللىك بىر زەربە بېرىدۇ. «سەن قوغلاپ ئۇنىڭ تاپىنىنى چېقىپ زەخىملەندۈرىسەن» — شۇ ئىنسان ئۆزى ئازاب تارتىدۇ، چۈنكى يىلان

بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ تاپىنىنى چاقىدۇ ياكى تاپىنىغا سانجىيدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ خۇدادىن قورققۇچى ئادەملەر خۇدانىڭ يىلانغا ئېيتقان سۆزلىرىنى قۇتقۇزغۇچى، يەنى شەيتاننى مەغلۇپ قىلغۇچىنىڭ دۇنياغا كېلىشى توغرۇلۇق ۋەدىسى دەپ قاراپ كەلگەن. لېكىن قۇتقۇزغۇچى بۇ كۈرەشتە ئازاب تارتىدۇ. ئىنجىلدا شەيتان بىلەن مەسىھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كرېستتە يۈز بەرگەن، دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. شۇ يەردە مەسىھنىڭ تاپىنى دەرۋەقە «يەنجىلدى»، «چېقىلدى» ياكى «سانجىلدى» — رىملىق لەشكەرلەر بولقىنىڭ زەربىسى بىلەن يوغان مىخنى سوقۇپ ئىككى پۇتىنىڭ ئوشۇقىغا سانجىدى؛ ئەمما خۇداغا مىڭ شۈكرى، مەسىھ شۇ يەردە شەيتاننىڭ ئۈستىدىن ئەخلاق ۋە روھىي جەھەتتە زور غەلىبە قازاندى («1يۇھ.» 8:3، «كول.» 15:2).

## خۇدانىڭ ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋا ئانىمىزنى كىيىندۈرۈشى

ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋا ئانىمىز گۇناھ قىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنى كىيىم قىلىپ ياسىغانىدى. روشەنكى، بۇ ئىش خۇدا ئالدىدا توغرا ئەمەس؛ چۈنكى «پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا تېرىلەردىن كىيىم قىلىپ كىيدۈرۈپ قويدى» دەپ ئوقۇيمىز. شۈبھىسىزكى، بۇ ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋا ئانىمىزغا ۋە شۇنىڭدەك بىزگىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر دەرسنى ئۆگەتتىدۇ. گۇناھنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى يېپىش ئۈچۈن پاك ۋە گۇناھسىز بىر ھايات قۇربانلىق قىلىنىشى كېرەك — مۇشۇ يەردە گۇناھسىز بىر ياكى بىرقانچە ھايۋان قۇربانلىق بولغان بولسا كېرەك — بولمىسا بۇ «تېرىلەر» نەدىن كېلىدۇ؟ پەقەت خۇدا ئۆزىلا ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياپالايدۇ — ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە تىرىشىپ-تىرمىشىپ سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرىنىڭ «ئەنجۈر يوپۇرماقلىرى»دەك خۇدا ئالدىدا تولىمۇ ئەھمىيىتى يوق. شۇندىقتىمۇ نۇرغۇن ئىنسانلار تېخىچە شۇ ئىشنى قىلىشقا ئىنتىلمەكتە — بارلىق دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى خۇدا ئالدىدا پەقەت «ئەنجۈر يوپۇرماقلىرى»، خالاس. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئەجىر سىڭدۈرسەك ئۈنۈملۈك بولىدۇ، دەپ خىيال قىلىدۇ — بۇددىستلار بولسۇن، مۇسۇلمانلار بولسۇن، خرىستىيانلار بولسۇن، ئۇلار دۇئالار، روزا تۇتۇشلار، مەسچىتتە ناماز ئوقۇشلار، بۇتخانىدا چوقۇنۇشلار، چېركاۋدا دۇئا قىلىشلار، سادىقە بېرىش، مۇقەددەس يازمىلارنى يادلاش قاتارلىقلار مۆكەممەل ھايات بولىدۇ، ئۇ خۇدانىڭ

كەچۈرۈمگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق ئوي پۈتۈنلەي خام خىيالدۇر. لېكىن «مۇكەممەل ھايات» قايسى دىنىي ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەنسە، ئىنسانلار بۈگۈندىن باشلاپ تولۇق ھەققانىي، مۇكەممەل ھايات ئۆتكۈزسە دېمىسۇ ۋە شۇنداق قىلسىمۇ (ھېچقانداق ئادەم خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىسىز ھەقىقىي مۇكەممەل ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ؛ مانا بۇ ھەقىقەتتۇ!) لېكىن بۇنداق قىلىش قانداقمۇ ئۆتكەن ھاياتىنىڭ بىرەر گۇناھىنى ياپالىسۇن؟ ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىز ئۆزلىرىنى خۇدا ئالدىدا تۆۋەن تۇتۇپ، ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنى سېلىپ تاشلىدى. خۇددى ئادەمئاتىمىز خۇدا تەرىپىدىن كىيدۈرۈلگەندەك (چۈنكى خۇدا ئۆزى ئۇلارنى كىيىندۈرگەن) ئىنسانلار خۇدانىڭ شاپائىتىنى ھەقسىز بىر سوۋغات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى بىلەن گۇناھلاردىن قۇتقۇزۇلىدۇ («ئەف.» 2:5، 8). ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىز شۇ كىيىم-كېچەكنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلغىنى ئۈچۈن خۇدانىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن، دەپ قارايمىز. بىراق بۈگۈن قوبۇل قىلىش كېرىكى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى ئەمەس، بەلكى مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقىدىن ئىبارەتتۇر («رىم.» 3:22، 26، 4:6-9، «ئەف.» 4:24، «تىت.» 3:5، «ۋەھ.» 8:19).

## 9:4 نېمىشقا قابىلنىڭ ھەدىيەسى قوبۇل قىلىنمىدى؟

قابىلنىڭ سوۋغىتى رەت قىلىنىپ، ھابىلنىڭ قوبۇل قىلىنغىنى دەسلەپتە بەلكىم ئادەمنى تولىمۇ ئويلاندۇرىدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئىنجىلدىكى ئىككى يازما مۇشۇ ئىشنى يورۇتىدۇ: —

«ئېتىقادى بولغاچقا ھابىل قابىلنىڭكىدىنمۇ ياخشى بىر قۇربانلىقنى خۇداغا ئاتىغان؛ ئېتىقادى بولغاچقا، خۇدا ئۇنىڭ ئاتىغانلىرىنى تەرىپلەپ، ئۇنىڭغا ھەققانىي دەپ گۇۋاھلىق بەردى. گەرچە ئۆلگەن بولسىمۇ، ئېتىقادى بىلەن ئۇ يەنىلا بىزگە گەپ قىلماقتا» («ئىبر.» 4:11)

«چۈنكى سىلەر دەسلەپتىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان خەۋەر مانا دەل شۇكى، بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشىمىز كېرەكتۇر. رەزىل بولغۇچىدىن بولغان، ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەن قابىلغا ئوخشاش بولماسلىقىمىز كېرەك؛ ئۇ نېمىشقا ئىنىسىنى قەتل قىلدى؟

ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرى رەزىل، ئىنىسىنىڭ قىلغانلىرى ھەققانىي بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان» («1يۇھ.» 3:11-12).

«ئىبرانىيلارغا»دىكى شۇ ئايەت بىزگە ھابىلنىڭ قۇربانلىقىنى «ئېتىقاد بىلەن» ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئايان قىلىدۇ. ئېتىقاد ۋە ئىشەنچ خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلاش ۋە قوبۇل قىلىش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ (مەسىلەن، «رىم.» 17:10، «يەش.» 1:53نى كۆرۈڭ). ئۇنداقتا، ھابىل خۇدانىڭ «ئېتىقاد ئېلىپ كەلگەن» قايسى سۆزىنى ئاڭلىغان؟ ئادەمئاتا ئوغۇللىرى قابىل بىلەن ھابىلغا خۇدانىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇياتىنى يېپىش ئۈچۈن گۇناھسىز ھايۋانىنىڭ تېرىلىرى بىلەن كىيدۈرگەنلىكى توغرۇلۇق بىرەر خەۋەرنى ئېيتىپ بەرگەنمۇ، ياكى خۇدا ئۇلارغا بىۋاستە بىرەر سۆزنى قىلغانمۇ؟ ھېچبولمىغاندا، ھابىلدا ئېتىقاد بولغان بولسا، ئۇنداقتا خۇدا ئۇلارغا ئۆزىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق ۋەھىي يەتكۈزگەن، دەپ جەزملەشتۈرەلەيمىز.

قابىل ئۈچۈن چوڭ مەسىلە شۇكى، ئۇ دېھقان ۋە باغۋەن ئىدى؛ قۇربانلىققا كېرەك بولغان قويلارنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئىنىسى ھابىل ئىدى. قابىل تەكەببۇرلۇقىدىن ئىنىسىدىن قۇربانلىققا قوي سوراشنى خالىمايتتى؛ شۇنىڭ ئورنىدا ئۇ ئۆز بىغىدىكى مەھسۇلاتلاردىن ئېلىپ كېلىدۇ. مۇشۇ ئايەتلەردىن ئېنىقكى، خۇدا ئۇنىڭ سوۋغىتىنى پەقەت قوبۇل قىلمايلا قالماي، بەلكى قابىلنىڭ ئۆزىمۇ خۇداغا ياقمىدى: «خۇدا قابىل ۋە ئۇنىڭ سوۋغىتىغا قارىمىدى». مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، قابىلنىڭ پوزىتسىيىسى پەقەت ھاكاۋۇرلۇق ئىدى؛ خۇدا ئۇنىڭ سوۋغىتىنى رەت قىلغاندىن كېيىن خۇدانىڭ سەممىي گەپلىرىگە قۇلاق سېلىشنىڭ ئورنىدا ئۇ ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ. مۇشۇنىڭدىن بىز ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خىياللىرىنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز: «مانا بۇ سوۋغات تىرىشىپ-تىرمىشىپ چىقارغان ئۆز ئەجرىمدۇر! ئاجايىب بىر ھەدىيەدۇر! ئەسلىدە خۇدانىڭ ماڭا رەھمەت ئېيتىشىغا توغرا كېلەتتى!».

قابىلدا ۋە ھابىلدا ئىككى يول بىزگە كۆرۈنىدۇ («يەھ.» 11-ئايەتتىكى «قابىلنىڭ يولى»نى كۆرۈڭ). بىرىنچى يولنى «دىنىي يول»، ئىككىنچى يولنى «ئېتىقاد يولى» دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇ يەردە «دىنىي يول» دېگىنىمىز، بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ تىرىشىش-تىرمىشىشلىرى ۋە ئوي-خىياللىرى بىلەن خۇدانى رازى قىلماقچى بولغان يول. پۈتكۈل دۇنيا بويىچە كۆپ ئادەملەر قابىل ئويلىغاندەك: «مەن كۆپ دۇئالارنى قىلغىنىم ئۈچۈن، ھەر ھەپتە مەسچىتكە (ياكى بولمىسا چېركاۋغا ياكى بۇتخانا قاتارلىقلارغا) بارغىنىم

ئۆچۈن، كەمبەغەللەرگە كۆپ سادىقە بەرگىنىم ئۈچۈن، مۇقەددەس يازمىلارنى (تەۋرات بولسۇن، زەبۇر بولسۇن، ئىنجىل بولسۇن، قۇرئان بولسۇن، بۇددا «نومىلىرى» بولسۇن) يادلىغىنىم ئۈچۈن خۇدا مېنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈم قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ يۈرىدۇ. بىراق تەۋرات-ئىنجىل بويىچە، گۇناھنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش — قۇربانلىقتۇر. خۇدانىڭ نىجاتى سوۋغات بولۇپ، مەسىھنىڭ ئۆزىدە ئۇ كېرەك بولغان قۇربانلىقنى تەمىنلىگەن. ئېتىقادى بار ئادەملەر ئۇنىڭ بۇ توغرۇلۇق سۆز-كالامىنى قوبۇل قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ سوۋغىتىنى قوچاقلايدۇ. ھابىل بولسا بۇ يولغا، يەنى خۇدانىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلىدىغان ئېتىقادلىق يولغا ۋەكىل بولىدۇ. ھالبۇكى، بەزىلەر ھەتتا قابىلدەك ئۆزلىرىنىڭ ئەجرلىرى ئۈچۈن خۇدا مېنى تەرىپلىشى كېرەك، دەپ ئويلايدۇ.

«چۈنكى سىلەر شەپقەت بىلەنلا ئىشەنچ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بۇ ئىش ئۆزۈڭلاردىن كەلگەن ئىش ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن ئىلتىپات، — ئۇ زادىلا ئادەملەرنىڭ ئەمەل-ئەجرىدىن كەلمەيدۇ، بۇ ھەم ھېچكىمنىڭ ماختىناسلىقى ئۈچۈندۇر» («ئەف.» 8:2-9).

ئاخىردا قابىل ئىنىسىنى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن خۇدانىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن جازاسى توغرۇلۇق ئازراق توختىلىمىز. ئادەمئاتا ۋە ھاۋائانا گۇناھ قىلغاندىن كېيىن، خۇدا شاپائەت بىلەن ئۇلارغا گۇناھلىرىنى تونۇپ يېتىش پۇرسىتىنى بەرگەندى، ۋە ئۇ شۇنداق پۇرسەتنى ھەتتا قابىلغىمۇ يەتكۈزۈپ: «ئىنىڭ نەدە؟» دەپ سورايدۇ. شۇنداقتىمۇ قابىل پۇرسەتنى رەت قىلىپ، خۇدا ئالدىدا تۇرۇپمۇ يالغان سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئۇنىڭغا شۇنداق «يېنىك جازا» بەردىمۇ؟ نېمىشقا ئۇ نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ؟

جازانىڭ تەپسىلاتلىرىدىن: «سەن ئەمدى قولۇڭدىن ئىنىڭنىڭ قېنىنى قوبۇل قىلغىلى ئاغزىنى ئاچقان يەردىن قوغلىنىپ لەنەتكە ئۇچرايسەن. سەن يەرگە ئىشلىسەڭمۇ ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا قۇۋۋىتىنى بەرمەيدۇ، سەن يەر يۈزىدە سەرسان بولۇپ، سەرگەردان بولىسەن» دەپ ئوقۇيمىز.

يەر-تۇپراق ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاللىقاچان لەنەتكە ئۇچرىغان بولۇپ، ئادەمئاتىمىزغا: «سەن تۇپراققا يانغۇچە ئارىلىقتا يۈز-كۆزۈڭ تەرگە چۆمگەندىلا نان يەيسەن» دېگەندەك، تىرىكچىلىق تەسلىشىپ كەتكەندى.

ئەمدى قابىلغا بولسا نەگىلا بارسا تېرىقچىلىق ھەسسىلەپ تەسلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ خۇداغا: «كىملا مېنى تېپىۋالسا، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!» ــ دېگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس (شۇ چاغدا يەر يۈزىدە بەلكىم پەقەت ئۈچ ئىنسان ياشايتتى — لېكىن قابىل كەلگۈسىدە ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىدىغىنىنى كۆزدە تۇتۇپ سۆزلەيدۇ — 28:1، 16:3، 3:5-5نى كۆرۈڭ). كىممۇ قابىلنىڭ ئۆز يېنىدا خالايدۇ دەيسىز؟! ئۇ نەگىلا بارسا تۇپراق شۇ ھامان تۇغماس بولۇپ كېتەتتى! شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا باشقىلارنىڭ قابىلنى ئۆلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ پېشانىسىگە مەلۇم بىر بەلگە قويىدۇ. بىراق ئۇ قەيەرگە بارسا ئۇلار ئۇنى دەرھال ئارىسىدىن ھەيدىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ قابىل گۇناھنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان بىرخىل «ماگنىغۇن ئاگاھ» ياكى «سەرگەردان تەشۋىقاتچى»، پۈتكۈل يەر-زېمىنغا خۇدانىڭ ئادىللىقى ۋە مۇقەددەسلىكى، گۇناھنى جازالايدىغانلىقى توغرۇلۇق «خالىس» جاكارچى، گۇۋاھچى ياكى خەۋەرچى بولۇپ قالىدۇ.

## 6-باب - «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئىنسانلارنىڭ قىزلىرىنى ... ئۆزلىرىگە خوتۇن قىلىشقا باشلىدى» - بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

«ۋە شۇنداق بولدىكى، ئىنسانلار يەر يۈزىدە كۆپىيىشكە باشلىغاندا، شۇنداقلا قىزلارمۇ كۆپلەپ تۇغۇلغاندا، خۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئىنسانلارنىڭ قىزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، خالىغانچە تاللاپ، ئۆزلىرىگە خوتۇن قىلىشقا باشلىدى».

تېكىستتىكى ئىزاھاتىمىزدا ئېيتقىنىمىزدەك، «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» ھەققىدە ئۈچ خىل چۈشەنچە بار: —

1. ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئەرشتىكى بىر خىل زات، پەرىشتە ياكى روھتىن ئىبارەت (بەزى ئالىملار شۇ ئىبارىنى جىن-شەيتانلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ).

2. دەربەدەردىن تاشقىرى ئادەم بولۇپ، پادىشاھ ياكى ھۆكۈمدار.

3. قابىلنىڭ خۇداسىز ئەۋلادلىرىدەك ئەمەس، بەلكى خۇدا يولىدا ماڭىدىغان شېتنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

بىز مۇتلەق بىرىنچى كۆزقاراشتا بولىمىز. چۈنكى 2- ياكى 3-پىكىردە ئېيتىلغاندەك «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» دېگەن ئىبارە شېتنىڭ ئىخلاسمەن ئەۋلادلىرى ياكى بولمىسا يەر يۈزىدىكى ئۇلۇغ زاتلارنى كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ «ئىنسانلارنىڭ

قىزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈش»ى ئاندىن «خالىغانچە تاللاپ، ئۆزلىرىگە خوتۇن قىلىش»نىڭ زادى نېمە خاتالىقى ياكى يامانلىقى بولاتتى؟!
چۈنكى ئەينى تېكىستتە: «رەزىل ئادەملەرنىڭ قىزلىرى» توغرۇلۇق گەپ يوق، پەقەت «ئىنسانلارنىڭ قىزلىرى» دېيىلىدۇ ــ دېمەك، ئاددىي قىز-ئاياللارنىلا كۆرسىتىدۇ.
شۇڭا «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» دېگەنلىك بىر تۈركۈم پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز («ئايۇپ» 6:1، 1:2، 7:38، «زەب.» 1:29، 6:89نى كۆرۈڭ). مۇشۇ پەرىشتىلەر قىز-ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ھەۋەس قىلغان ۋە شۇنداق قىلىش ئۈچۈن خۇدا ئۆزلىرىگە بېكىتكەن خىزمەت ئورنىنى تاشلاپ («يەھ.» 6-ئايەت)، مەلۇم بىر ئىنسانىي، جىسمانىي شەكىلگە كىرگەن. تېكىستتىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى «پالۋان-باتۇرلار» ياكى «كۈچلۈك ئىسيانچى»لار، بىنورمال گىگانتلار ئىدى. «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى پەقەت بىر قېتىملا ئەمەس دەپ پۇرىتىدۇ؛ چۈنكى ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ باشقا گىگانتلار تۇغۇلغان، دەپ خاتىرىلەيدۇ: ــ «شۇ كۈنلەردە (ۋە شۇنداقلا كېيىنكى كۈنلەردىمۇ)، خۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئىنسانلارنىڭ قىزلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن باللارنى تاپقىنىدا، گىگانتلار يەر يۈزىدە پەيدا بولدى. بۇلار بولسا قەدىمكى زامانلاردىكى داڭلىق پالۋان-باتۇرلار ئىدى» (4-ئايەت). بۇ بەلكىم مۇقەددەس يازمىلاردىكى باشقا يەرلەردە تىلغا ئېلىنغان، توپاندىن كېيىن تۇغۇلغان گىگانتلارنى كۆرسىتىدۇ؛ مەسىلەن، «چۆل.» 33:13، «قان.» 20:2-21، 11:3، «2سام.» 15:21-22نى كۆرۈڭ.

ئىنجىلدا، روسۇل يەھۇدا بۇ ۋەقەنىڭ مەزمۇنىنى گۇمانىي يوقاتقان ھالدا ئېنىق قىلىدۇ: ــ
«ۋە سىلەر شۇنىمۇ بىلىسىلەركى، ئەسلىدىكى ئورنىنى تۇتماي، بەلكى ئۆز ماكانىنى تاشلاپ كەتكەن پەرىشتىلەرنى رەب ئۇلۇغ قىيامەت كۈنىنىڭ سورىقىغىچە مەڭگۈ كىشەنلەپ مۇدھىش قاراڭغۇلۇقتا سولاپ ساقلىماقتا. سودوم ۋە گومورا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىكىلەرمۇ شۇ ئوخشاش يولدا، يەنى شۇ پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئۆزچىغا چىققان بۇزۇقلۇقتا ۋە غەيرىي شەھۋەتلەرگە بېرىلىپ كەتكەن، كېيىنكى دەۋرلەر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالسۇن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئوت جازاسىغا ئۆرنەك قىلىنىپ كۆيدۈرۈلگەن».

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئاۋۋال بەچچىۋازلىق شەھۋانىي ھەۋەسلەرگە بېرىلگەن «سودوم ۋە گومورىرا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىكىلەر» تىلغا ئېلىنىدۇ؛ ئاندىن سودومدىكىلەرنىڭ «شۇ ئوخشاش يولدا، يەنى شۇ پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئۇچىغا چىققان بۇزۇقلۇققا ۋە غەيرىي شەھۋەتلەر (گرېك تىلىدا: «غەيرىي ئەتلەر»)گە بېرىلىپ كەتكەن»لىكى كۆرسىتىلىدۇ. خۇدا پەرىشتىلەرنىڭ ھېچقاچان «غەيرىي شەھۋەتلەر («غەيرىي ئەتلەر»)گە بېرىلىشى»نى ئىرادە قىلغان ئەمەس؛ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەرگىز ئەر كىشىلەرنىڭ ئايال كىشىلەر بىلەن نورمال ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنى خالىماي، باشقا ئەر كىشىلەرگە ھەۋەس قىلغۇچى بولۇشىنى ئىرادە قىلغان ئەمەس.

«2پېت.» 4:2 ۋە مۇشۇ يەردە، «يەھ.» 6-ئايەتتىن قارىغاندا، ئالەمنىڭ دەسلىپىدە خۇداغا قارشى شەيتان بىلەن بىرگە ئىسيان كۆتۈرگەن پەرىشتىلەر بىلەن سىلىشتۇرغاندا، مۇشۇ پەرىشتىلەر ئېغىرراق جازاغا ئۇچرىغان («ۋەھ.» 3:12-4تىكى ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ). ئاشۇ ئىسيان كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر (ھازىرقى جىنلار) بۈگۈن دۇنيانى كېزىپ، ئىنسانلارنى ئېزىقتۇرۇپ، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ روھ-قەلبلىرىگە جەڭ قىلىپ يۈرمەكتە؛ «يەھ.» 6-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان پەرىشتىلەرنى بولسا: «رەب ئۇلۇغ قىيامەت كۈنىنىڭ سورىقىغىچە مەڭگۈ كىشەنلەپ مۇدھىش قاراڭغۇلۇقتا سولاپ ساقلىماقتا». ئۇلارغا نېمىشقا (سولانمىغان جىنلار بىلەن سېلىشتۇرغىنىدا) ئېغىرراق جازا بېرىلىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاددىي سەۋەبى شۇ بولۇشى كېرەككى، مۇشۇ پەرىشتىلەر خۇدانىڭ گۇناھ ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن بىرىنچە جازالىرىغا — (1) ئالەمنىڭ دەسلىپىدە، شەيتاننى جازالاپ ئەرشتىن ھەيدىۋەتكىنىگە؛ (2) ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىز گۇناھ قىلغاندىن كېيىنكى جازالىغىنىغا؛ (3) ھابىلنى ئۆلتۈرگەن قابىلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەن جازاسىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنىلا خۇدا ئالدىدا گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خۇدا ئالدىدىكى جاۋابكارلىقى كۆپرەك بولاتتى.

ئەلۋەتتە، بەزىلەر بۇ پىكرىمىزنى ئاڭلاپ رەب ئەيسانىڭ ئىنسانلارنىڭ تىرىلىشى توغرۇلۇق: «ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۆيلەنمەيدۇ، ئەرگە تەگمەيدۇ، بەلكى خۇدانىڭ ئەرشتىكى پەرىشتىلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ» («مات.» 30:22) دېگەن مۇبارەك سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ قارشى چىقىدۇ. دېمەك، پەرىشتىلەر ھېچبولمىغاندا ئۆيلەنمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جىنسىيىتى يوق. لېكىن ئۇلارنىڭ

خالىسىلا جىنسىيەتكە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى يوق ئەمەس. دېگەنلىرىمىز دەل مۇشۇ. «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دا بايان قىلىنغان بۇ پەرىشتىلەر خۇدا بېكىتكەن تەرتىپتىن ياكى تۈزۈمدىن ھالقىپ چىقتى ۋە شۇنىڭ بىلەن جازالاندى. ئۇلار روسۇل يەھۇدا تەسۋىرلىگەن سودومدىكى ئادەملەرگە ئوخشاش «بۇزۇقلۇققا ۋە غەيرىي شەھۋەتلەرگە بېرىلىپ كەتكەن... مەڭگۈلۈك ئوت جازاسىغا ئۇرىنەك قىلىنىپ كۆيدۈرۈلگەن».

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرى ئېخىمۇ رەزىللىك بىلەن تولۇپ كەتكەندەك قىلدۇ: ــ «پەرۋەردىگار ئىنساننىڭ ئۆتكۈزۈۋاتقان رەزىللىكى يەر يۈزىدە كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى نىيەتلىرىنىڭ ھەرقاچان يامان بولىۋاتقىنىنى كۆردى».

## 9:25-27 نۇھ پەيغەمبەرنىڭ شەم، ھام ۋە يافەت توغرۇلۇق بېشارەتلىك سۆزلىرى

نۇھ پەيغەمبەر ئۈزۈمزارلىقىنىڭ شارابىنى ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن ئۇنى كۆرگەن ئوغلى ھام ئاكىلىرى شەم بىلەن يافەتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاتىسىنى مازاق قىلغان ھالدا شۇ ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتقان، دەپ خاتىرىلىنىدۇ. ئۇلار ئىككىيلەن بولسا ھۆرمەت بىلەن ئەدىيالنى ئېلىپ كەينىچە مېڭىپ، ئاتىسىنى يېپىپ قويىدۇ. نۇھ پەيغەمبەر ئويغىنىپ، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى بىلىپ، تۆۋەندىكى بېشارەتنى ئېلان قىلدى: ــ

«نۇھ شارابنىڭ كەيپىدىن ئويغىنىپ، كەنجى ئوغلىنىڭ ئۆزىگە نېمە قىلغىنىنى بىلىپ: ــ

- قاناننى لەنەت بولغاي!

ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ قۇللىرىنىڭ قۇلى بولسۇن، ــ دەپ قارغىدى.

ئۇ يەنە: ــ

شەمنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە كەلتۈرۈلگەي!

قانائان شەمنىڭ قۇلى بولسۇن.

خۇدا يافەتنى ئاۋۇتقاي!

ئۇ شەمنىڭ چېدىرلىرىدا تۇرغاي،

قانائان بولسا ئۇنىڭ قۇلى بولغاي! ــ دېدى».

بىرىنچى سوئال، يامان ئىش قىلغىنى ھام بولغاندىن كېيىن، نېمىشقا تۆنجى ئوغلى قانائان لەنەتكە قالدى؟

خۇدانىڭ ھۆكۈملىرى «چوڭقۇر تىلسىمات دېڭىزلاردەكتۇر» («زەب.» 6:36)؛ دەرۋەقە بىز پانىي دۇنيادا بولغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ياكى ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمەيمىز؛ لېكىن ھامنىڭ كۆپ ئوغۇللىرى ئارىسىدىن پەقەت قانائانلا لەنەتكە قالغان، دېگەن پاكىتتىن ھامنىڭ يامان ئىش قىلىشىدا ئوغلى قانائاننىڭ تەسىرى بار ياكى ئاتىسىنى مازاق قىلىشقا قۇتراتقۇچى شۇ قانائاندۇر، دەپ پەرەز قىلىش ئېھتىماللىقى يېقىنراق بولۇشى مۇمكىن (بەزى ئالىملار ئىككىنچى بىر پىكىردە بولۇپ، قانائان ھامنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى، شۇڭا ھامنى جازالاش ئۈچۈن نۇھ قانائاننىڭ كەلگۈسىگە لەنەت ئوقۇيدۇ، دەپ قارايدۇ).

«قۇلنىڭ قۇلى» ــ بۇ ئىبارە ئەڭ تۆۋەن قۇللۇق ياكى تۆۋەن خىزمەتنى كۆرسىتىدۇ.

نۇھ پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنى «شەمنىڭ خۇداسى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. دېمەك، شەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خۇدا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. شەمنىڭ نەسلىدىن «ئېبەر» دېگەن زات تۇرىلىدۇ؛ «ئېبەر» ــ مەنىسى بەلكىم «(دەريادىن) ئۆتكۈچى»، شۇڭا ئېبەر بەلكىم تۇنجى «ئىبرانىي» بولۇشى مۇمكىن. ئېبەرنىڭ نەسلىدىن ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ ئاندىن ياقۇپتىن ئىسرائىل دېگەن خەلق چىققان؛ ئىسرائىل خۇدا ئۆزىنى شەيتاننىڭ زۇلمىتىدە قالغان دۇنياغا تونۇشتۇرۇشقا تاللىۋالغان ۋاستىچى ئىدى. نۇھنىڭ ئوقۇغان لەنىتى بويىچە، قانائانىي كېيىن «شەمنىڭ قۇلى» دەپ بېكىتكەن. بۇ ئىش ئىسرائىلنىڭ كېيىنكى تارىخىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان (مەسىلەن، «2تار.» 1:8-8نى كۆرۈڭ).

نۇھنىڭ بېشارىتىدە يافەت توغرۇلۇق «خۇدا يافەتنى ئاۋۇتقاي!» ئاندىن «ئۇ شەمنىڭ چېدىرلىرىدا تۇرغاي» دەيدۇ. كېيىن مەدەنىيەت كۆپرەك تەرەققىي قىلغان ئەللەر، بولۇپمۇ ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ كۆپىنچىسى يافەتتىن چىققان. يافەتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئارىسىدا بابىل، گرېك (يۇنان) ۋە رىم ئىمپېرىيەلىرىدىكىلەر بولغان. بۇ ئىمپېرىيەلەر ئاشۇرنىڭ زېمىنىنى ئېگىلىۋالماي، بەلكى پەلەستىن زېمىنىنى ئىشغال قىلغان ۋە شۇنداقلا قانائاننىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆز قۇللۇقىغا سالغان. نۇھنىڭ يافەت توغرۇلۇق بېشارىتى كېيىن يەنە روھىي جەھەتتىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ــ چۈنكى ئىنجىل دەۋرىدە خۇش خەۋەرنى ئاۋۋال قوبۇل قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يافەتتىن چىققان خەلقلەر بولغان.

«هام» دېگەن سۆز «قارا» دېگەن مەنىدە. شۇڭا ئافرىقىدىكى كۆپ قارا تەنلىك خەلقلەر دەرۋەقە هامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بەزىلەرنىڭ نۇھ پەيغەمبەرنىڭ بۇ بېشارىتىدىن پايدىلىنىپ، «خۇدانىڭ ئىرادىسى» دەپ باهانە قىلىپ قارا تەنلىك خەلقلەرنى («هامنىڭ ئەۋلادلىرى» دەپ) قۇللۇققا سېلىشى مۇتلەق چوڭ گۇناھ بولىدۇ. چۈنكى بېشارەتتە هام ئۆزى ياكى قانائاندىن باشقا ئەۋلادلىرىدىن ھەتتا بىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان ئەمەس.

## 10-باب - «ئەللەرنىڭ نەسەبنامىسى» - بۇ ئەللەر هازىر نەدە ياكى نەگە كەتكەن؟

بۇ بابتىكى «ئەللەرنىڭ نەسەبنامىسى»دا يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەرنىڭ ئەجدادلىرى خاتىرىلىنىدۇ. بۇ تىزىملانغان خەلقلەرنىڭ هازىرقى خەلقلەر ياكى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن بەزىلىرى مەلۇم، بەزىلىرى نامەلۇم. مەلۇم بولغانلىرى توغرۇلۇق تۆۋەندە ئازراق توختىلىمىز: —

(ئوقۇرمەنلەر بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك 1-خەرىتىنىسىمۇ كۆرسۇن)

### 2:10 «يافەتنىڭ ئوغۇللىرى: — گومەر، ماگوگ، ماداي، ياۋان، تۇبال، مەشەك ۋە تىراس».

گومەر — «كىممەرلەر»نىڭ ئەجدادى. گېرمانىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ماگوگ — جەنۇبىي رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى بىر خەلق. «ماگوگ»نىڭ «سكىتلار» بىلەن مۇناسىۋىتى بار بولۇشى مۇمكىن؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى هازىرقى خەلقلەردىن بەزىلىرى، شۈبھىسىزكى، ماگوگدىن چىققان («ئەز.» 38-39-بابلارنى كۆرۈڭ).

ماداي — «مېدىيالار» (هازىرقى «كۇردلار») ھەممە ھىندىستاندىكى بەزى خەلقلەرنىڭ ئەجدادى.

ياۋان — گرېكلەر (يۇنانلار)نىڭ ئەجدادى

تۇبال — «قارا دېڭىز»غا مۇناسىۋەتلىك بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئەجدادى. كېيىنچە بۇلارنىڭ رۇسىيەنىڭ قەدىمكى پايتەختى، يەنى توبولسك شەھىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**مەشەك** — «مۇشكۇلار» دېگەن قەدىمكى خەلقنىڭ ئەجدادى. بۇلار رۇسىيەنىڭ هازىرقى پايتەختى موسكۋا ۋە ئەرمەنىيەدىكى موشقى تاغلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن.
**تىراس** — قەدىمكى «تراكىيلار» ياكى «ئەترۇسكىيلار» ياكى بۇلار ئىككىسىنىڭ ئەجدادى. بۇ خەلقلەردىن بەزىلىرى كېيىن «فىنىكىيلەر» بىلەن مۇناسىۋىتى بار بولدى.

## 3:10 «گومەرنىڭ ئەۋلادلىرى: ئاشكىناز، رىفات ۋە تورگاماھ»

**ئاشكىناز** — هىندى-گېرمانلارنىڭ شىمالىي قەبىلىلىرىنىڭ ئەجدادى ۋە بەلكىم يەنە «سكىتلار»نىڭ بىر قىسمىنىڭ ئەجدادى بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمالغا يېقىنكى، هازىرقى تۈركلەر سكىتلاردىن چىققان.
**رىفات** — شىمالىي سۈرىيەدە ۋە شەرقىي تۈركىيەدە ياشىغان بىر قەبىلىنىڭ ئەجدادى.
**تورگاماھ** — شەرقىي تۈركىيەنىڭ چېگرىسىدىكى «تابال»غا يېقىن بولغان بىر قەبىلىنىڭ ئەجدادى

## 4:10 «ئېلىشاھ، تارشىش، كىتتىيلار بىلەن دودانىيلار»

**ئېلىشاھ** — سىپرۇستا ھەم بەلكىم كرىتتە ئولتۇراقلاشقان بىر قەبىلىنىڭ ئەجدادى. ئۇلار كېيىن «ئوتتۇرا دېڭىز»نىڭ بويىدىكى باشقا يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان.
**تارشىش** — «ئوتتۇرا دېڭىز»نىڭ بويلىرىدىن ئىسپانىيەگىچە ۋە ئەنگلىيەدىمۇ ئولتۇراقلاشقان بىر خەلق بولدى.
**كىتتىيلار** — سىپرۇستا ئولتۇراقلاشقان يەنە بىر خەلق.
**دودانىيلار** — گرېكلەر ۋە «رودا» دېگەن ئارال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر خەلق.

## 6:10 «هامنىڭ ئوغۇللىرى كۇش، مىسىر، پۇت ۋە قانائان»

«**هام**» دېگەننىڭ مەنىسى «قارا» بولغاچقا، مۇمكىنلىكى باركى، ئافرىقىدىكى خەلقلەرنىڭ كۆپىنچىسى هامدىن چىققان بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە كۆرىمىزكى، هامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرنەچچىسى دەرۋەقە ئافرىقىدا ئولتۇراقلاشقان.
**كۇش** — ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئېفىئوپىيەدە (نۇبىيادا) ئولتۇراقلاشقان
**مىسىر** — مىزرائىم — ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇستۈن مىسىر ۋە ئاستىن مىسىردا

ئولتۇراقلاشقان (ئىبرانىي ۋە ئەرەب تىللىرىدا «مىزرائىم» دېگەن سۆز «ئىككى مىسىر» دېگەننى بىلدۈرىدۇ).

پۇت — ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى لىبىيەدە (نۇبىيادا) ۋە سوماليەدە ئولتۇراقلاشقان

قانائان — ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى پەلەستىندە ئولتۇراقلاشقان، ئاندىن «قانائانىيلار» دېگەن يەتتە قەبىلە بولغان.

7:10 «كۇشنىڭ ئوغۇللىرى سېبا، ھاۋىلاھ، سابتا، رائاماھ ۋە سابتىكاھ؛ رائاماھنىڭ ئوغۇللىرى شېبا ۋە دېدان ئىدى»

سېبا — ئۇستۇن مىسىردا، نىل دەرياسىغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان بىر قەبىلە

ھاۋىلاھ — (مەنىسى «قۇملۇق» ياكى «قۇملۇق تۈزلەڭلىك») — جەنۇبىي ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلاشقان بىر قەبىلە

سابتا — پارس قولتۇقىنىڭ بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بىر قەبىلە

رائاماھ — غەربىي جەنۇبىي ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلاشقان بىر قەبىلە

سابتىكاھ — پارس قولتۇقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى «سامۇداكى» دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقان بىر قەبىلە

شېبا — غەربىي جەنۇبىي ئەرەبىستاندىكى بىر قەبىلە بولدى؛ كېيىن «سابىيلار» پادىشاھلىقىنى قۇرغان؛ ئۇلارنىڭ ئايال پادىشاھى كېيىن دانالىق ئىزدەپ سۇلايمان پادىشاھنى يوقلاپ بارغان («1پاد.» 10-باب).

دېدان — شىمالىي ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلاشقان بىر قەبىلە

8:10 «كۇشتىن يەنە نىمرود تۆرەلگەن؛ ئۇ يەر يۈزىدە ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولۇپ چىقتى» — «نىمرود» دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى «ئاسىيلىق قىلغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ توغرۇلۇق ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى سەلبىي جەھەتتە چۈشىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن خۇدانىڭ خەلقىگە دۈشمەن بولغان ئىككى شەھەر ۋە ئىمپېرىيە چىققان — يەنى بابىل (خۇداغا قارشىلىقىنى بىلدۈرگەن بابىل مۇنارى قۇرۇلغان جاي) ۋە نىنەۋە (ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى)، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك: —

9:10 «ئۇ پەرۋەردىگار ئالدىدا كۈچتۈڭگۈر ئوۋچى بولدى؛ شۇڭا «پالانچى بولسا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا نىمرودتەك، زەبەردەس ئوۋچى ئىكەن!» دەيدىغان گەپ پەيدا بولدى» — بۇنىڭ مەنىسى ئىزاھاتلىرىمىزدا كۆرستىلگەندەك، نىمرود «ئوۋچى» مۇشۇ يەردە بەلكىم ھايۋانلارنى ئەمەس، ئىنسانلارنى ئوۋلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ نامى ھەتتا ئەرشكىمۇ يەتتى. بىزدە ھېچقانداق گۇمان يوقكى، نىمرود دېگەن كىشى كەلگۈسىدىكى «دەججال»نى سۈرەتلىگەن بىر خىل «بېشارەتلىك رەسىم»دۇر. چۈنكى كەلگۈسىدە دەججال (قايتىدىن قۇرۇلىدىغان) بابىل شەھىرىنىڭ پادىشاھى بولىدۇ.

10:10 «ئۇنىڭ پادىشاھلىقى شىنار زېمىنىدىكى بابىل، ئەرەك، ئاككاد ۋە كالنەھ دېگەن شەھەرلەردە باشلانغانىدى» — بۇرۇنقى يەھۇدىي ئۆلىمالار (راببىلار)نىڭ ھەممىسى: «پەرۋەردىگار ئالدىدا كۈچتۈڭگۈر ئوۋچى بولدى» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ خۇداغا قارشى تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايتتى. چۈنكى نىمرود كېيىن بەرپا قىلغان شەھەرلەر، جۈملىدىن بابىل شەھىرى خۇدا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە قارشى چىققان، شۇنداقلا خۇداغا قارشى چىقىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

12-11:10 «ئۇ بۇ زېمىندىن ئاشۇر زېمىنىغا چىقىپ نىنەۋە، رەھوبوت-ئىر، كالاھ، ۋە نىنەۋە ۋە كالاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەسەن دېگەن شەھەرلەرنىمۇ بىنا قىلدى (بۇلار قوشۇلۇپ «كاتتا شەھەر» بولدى)» — ئاشۇر (ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنى تەسىس قىلغۇچى) شەمنىڭ ئەۋلادى ئىدى (22-ئايەت).

ئاشۇر نىنەۋە، رەھوبوت-ئىر، كالاھ، ۋە رەسەن دېگەن تۆت شەھەر بىرلىشىپ بىر چوڭ كاتتا شەھەر، يەنى «نىنەۋە شەھەرى» بولدى.

13:10 «مىسرنىڭ ئەۋلادلىرى لۇدىيلار، ئانامىيلار، لەھابىيلار، نافتۇھىيلار» — بۇ تۆت خەلق نىل دەرياسى دېلتىسىدىن تارتىپ، شىمالىي ئافرىقىغىچە ئولتۇراقلاشقان.

14:10 «پاترۇسىيلار، كاسلۇھىيلار (فىلىستىيلەر كاسلۇھىيلاردىن چىققان) ۋە كافتورىيلار»

پاترۇسىيلار ۋە كاسلۇھىيلارمۇ ئۇستۇن مىسىردا ۋە كرېتتە ئولتۇراقلاشقان. «فىلىستىيلەر» كېيىن شۇ يەردىن چىقىپ پەلەستىنىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقان. كافتورىيلار كرېتكە ئاندىن «ئوتتۇرا دېڭىز»دىن يىراق بولغان، بىزگە ھازىر نامەلۇم رايونلاردىمۇ ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن.

18-15:10 «قانائاندىن تۇنجى ئوغۇل زىدون تۆرەلىپ، كېيىن يەنە ھەت تۆرەلگەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا يەبۇسىيلار، ئامورىيلار، گىرگاشىيلار، ھىۋىيلار، ئاركىيلار، سىنىيلار، ئارۋادىيلار، زەمارىيلار ۋە خاماتىيلار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قانائانىيلارنىڭ قەبىلىلىرى ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى»

— زىدوندىن فېنىكىيلەر چىققان. بۇ خەلق قەدىمكى زاماندىكى يىراق يۇرتلارغا بارغان جاھانكەزدى دېڭىزچىلار ئىدى. شۇنداق ئىسپاتلارمۇ باركى، فېنىكىيلەر ھەتتا جەنۇبىي ئامېرىكىغا ۋە «تىنچ ئوكيان»دىكى يىراق ئاراللارغىمۇ يېتىپ بارغان.

ھەتتىن «ھەتتىيلار» چىققان. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىمپېرىيەسى بار ئىدى. ئىمپېرىيەسى غۇلىغاندىن كېيىن ھەتتىيلار شەرقتىكى يىراق رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلار «سىنىيلار» بىلەن بىرلىشىپ ھازىرقى خەنزۇ، موڭغۇل ۋە ياپون مىللەتلىرى بولۇپ قالغان، ئاندىن ھەتتا شۇ يەردىن «بېرىنگ بوغۇزى»دىن ئۆتۈپ شىمالىي ئامېرىكىدىكى «ئىندىئانلار» بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەلقلەرنىڭ قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسى پەلەستىن، لىۋان ۋە سۈرىيەنى ئىگىلىگەن قەبىلىلەر بولۇپ قالغان. ئىسرائىللار ئاخىردا ئۇلارنى شۇ يەرلەردىن ھەيدەپ چىقىرىپ، خۇدا ئۆزلىرىگە مىراس قىلىشقا بېكىتكەن بۇ زېمىنغا ئىگە بولغان.

22-21:10 «شەممۇ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى؛ شەم بولسا يافەتنىڭ ئاكىسى، ئېبەرلەرنىڭ ئاتا-بوۋىسى بولدى. شەمنىڭ ئوغۇللىرى ئېلام، ئاشۇر، ئارفاخشاد، لۇد، ئارام...»

«ئېلام» دېگەننىڭ مەنىسى «يۇقىرىقى جايلار». ئېلامدىن بولغان خەلق بابىلنىڭ شەرقىدە ياشىغان بولۇپ، ھازىرقى ئىراندىكى خەلق-مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«ئاشۇر» — ئاسۇرىيلەر دېگەن خەلق بولغان.

«ئارفاخشاد» — نىنەۋە شەھىرىنىڭ شىمالىي شەرقىدە ياشىغان، «كالدىيلەر» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

«لۇد» — تىگرىس (دىجلە) دەرياسىغا يېقىن ياشىغان «لۇدبۇ» خەلقى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

«ئارام» — سۇرىيەنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە ۋە بابىلنىڭ شىمالىدىكى ۋە شەرقىدىكى تۆزلەڭلىكلەردە ياشىغان خەلق بولغان.

### 23:10 «ئارامنىڭ ئوغۇللىرى ئۇز، ھۇل، گەتەر، ماش ئىدى».

بۇ قەبىلىلەر توغرۇلۇق مەلۇمات ئاز. ئۇلار باشقا شەرقىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. «ھۇل»نىڭ ئەرمىنىيە بىلەن، «گەتەر»نىڭ ئافغانىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان ئازراق ئىسپات بار.

### 24:10 «ئارفاخشادتىن شېلاھ تۆرەلدى، شېلاھتىن ئېبەر تۆرەلدى».

«ئېبەر» — مەنىسى بەلكىم «(دەريادىن) ئۆتكۈچى». «ئىبرانىي» دېگەن سۆز بەلكىم بۇ سۆزدىن چىققان.

### 25:10 «ئېبەردىن ئىككى ئوغۇل تۆرەلگەن بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى پەلەگ ئىدى، چۈنكى ئۇ ياشىغان دەۋردە يەر يۈزى بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى؛ پەلەگنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى يوقتان ئىدى».

«پەلەگ» دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزى «بۆلۈنۈش»كە يېقىندۇر. «ئۇ ياشىغان دەۋردە يەر يۈزى بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى» — ئۈچ خىل ئىمكانىيەت بار: (ئا) بۇ سۆزلەر بابىل مۇنارىدىكى ۋەقەدە، خۇدانىڭ تىلنى بۆلۈشى بىلەن ئەللەرنىمۇ بۆلگەنلىكىنى، شۇنداقلا «يەر يۈزىدىكىلەر بۆلۈنۈپ كەتكەن»لىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ (ئە) يەر-زېمىننىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 9:1 بويىچە يەر-زېمىن ئەسلىدە بىرلا قۇرۇقلۇق ئىدى؛ ئاندىن كېيىن چوقۇم مەلۇم ۋاقىتتا ھازىرقى ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا،

ئامېرىكا ۋە ئانتاركتىكا قىتئەلىرىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. دۇنيا خەرىتىسىگە قارىسىڭىز، بۇ يەتتە قىتئەنىڭ شەكىللىرىنى بىر-بىرىگە «جىپسىلاشتۇرما رەسىم»دەك جىپسىلەشكە بولىدۇ، شۇڭا ئەسلىدە بىر پۈتۈن بولغان بولسا كېرەك؛ (ب) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئىمكانىيەتنىڭ تەڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز بىرىنچى ياكى ئۈچىنچى پىكىرگە مايىلمىز.

«يوقتان» ئەرەبىستاندىكى بىر قەبىلە بولدى.

29-26:10 «يوقتاندىن ئالموداد، شەلەف، خازارماۋەت، يېراھ، هادورام، ئۇزال، دىكلاھ، ئوبال (ياكى «ئېبال»)، ئابىمائەل، شېبا، ئوفىر، هاۋىلاھ، يوباب تۆرەلدى» — بۇلارنىڭ هەممىسى ئەرەبىستاندىكى قەبىلىلەر بولدى.

32-30:10 «ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان جايلىرى بولسا مېشادىن تارتىپ، سەففار دېگەن رايوننىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغقىچە سوزۇلاتتى. يۇقىرىقىلار بولسا شەمنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، ئۆز قەبىلىسى ۋە تىللىرى بويىچە قوۋم بولۇپ ئۆز زېمىنلىرىدا ئولتۇراقلاشقاندى. يۇقىرىدىكىلەر نۇھنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز نەسەبلىرى ۋە قوۋملىرى بويىچە خاتىرىلەنگەن. توپاندىن كېيىنكى يەر يۈزىدىكى بارلىق قوۋملار ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تارقالغان». بۇ نەسەبنامىنىڭ خۇلاسىسىدۇر. ئايرىم-ئايرىم بولغان ئەل-قەبىلىلەرنىڭ سانى جەمئىي يەتمىشتۇر.

## خۇدانىڭ «بابىل مۇنارى»دىكى ۋەقەدە بولغان مەقسىتى

خۇدا نېمە مەقسەت بىلەن ئەل-يۇرتلارنىڭ تىللىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكەن؟ ئىزاھاتىمىزدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەللەرنىڭ يەردە «ئاسمانلارغا تاقاشقۇدەك بىر مۇنار ياسايلى» دېگەن ئىشى بىرىنچىدىن «خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلايلى» دېگەندەك مەغرۇرلۇقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. چۈنكى خۇدا ئەسلىدە «سىلەر جۈپلىشىپ كۆپىيىپ، يەر يۈزىنى تولدۇرۇڭلار» (1:9) دېگەنىدى.

ئۇلار: «ئۆزلىرىنى تارىلىپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن»، يەنى مۇنار سېلىش ئارقىلىق كۆپ خەلقلەرنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن چوڭ مۇنارنى قۇرغان، شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان.

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ بۇ مۇنار ئارقىلىق ئاسماندىكى روھلار (جىن-شەيتانلار) بىلەن ئالاقە قىلىپ، پالچىلىق قىلىش مەقسىتى بار ئىدى. مۇشۇنداق پالچىلىق ياكى مۇنەججىملىك خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىدى («قان.» 18:9-12). شۇ ئىككى سەۋەبتىن ئۇ مۇنارنى خۇدانىڭ يولىغا قارىمۇقارشى بولغان، دېيىشكە بولىدۇ.

مۇنارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە نەتىجىسى شۇنداقكى: «بۇ ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر! بۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نىيەت قىلغان ھەرقانداق ئىشىنى ھېچ توسۇۋالغىلى بولمايدۇ» دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا خۇدا ئەلۋەتتە يول قويمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇنداق كۈچلۈك بولۇپ كېتىشى ئاخىرقى ھېساباتا ئۆزلىرىگە خەۋپ كەلتۈرىدۇ؛ نىمرودتەك رەزىل نىيەتلىك بىر ئادەم كۆپ بىلىم ياكى ئىلىم-پەننى ئۆزلەشتۈرسە، نەتىجىدە ئۇ شۇ بىلىمنى ئىشلىتىپ بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كونترول قىلىۋالىدۇ.

شۇڭا خۇدا «ئۇلارنىڭ تىلىنى باشقا-باشقا قىلىپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ». خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ تىلىنى بۆلۈشى ئۇلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش مەقسىتىنى توساپلا قالماي، بەلكى كېيىن نىمرودتەك زالىم بىر مۇستەبىتنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىشىغا مۇستەھكەم توسالغۇ بولىدۇ. چۈنكى ھاكىممۇتلەقلىك قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ باشقا تىلدا سۆزلەيدىغانلارنى كونترول قىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. پەقەت چەكلىمە بولغاندىلا ئۇ ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىشىشلىرىنى ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شۇ چاغدىن تارتىپ «تىل توسالغۇسى» ئىنسانىيەتنى تولۇق بىر مۇستەبىتلىكتىن قوغداپ كەلمەكتە.

شۇنداقتىمۇ بەزى ئادەملەر ھازىرقى زامان كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، «تەرجىمە پروگراممىلىرى»نى تۈزۈشى بىلەن خۇدا قويغان «تىل توسالغۇسى»نى بىلەر-بىلمەس بۇزماقچى بولۇۋاتىدۇ. يەنە بەزىلىرى بۈگۈنكى كۈنلەردە ھەتتا «يېڭى ئىنسانلارنى يارىتايلى» دەپ لابوراتورىيەلىرىدە ئىنساننىڭ تۆرەلمە ھۈجەيرىلىرىنى تەجرىبە ئوبيېكتى

قىلىشقىمۇ پېتىنىۋاتىدۇ. دېمەك: «بۇ ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر! بۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نىيەت قىلغان ھەرقانداق ئىشىنى ھېچ توسۇۋالغىلى بولمايدۇ» دېگەننى قايتىدىن دېيىشكە توغرا كەلمەمدۇ؟ شۇڭا خۇدانىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىدىكىلەرگە ئاخىرقى ھۆكۈم-جازالىرىنىڭ چۈشىدىغان كۈنى بىزگە يىراق ئەمەس، دېيسەك خاتا بولمايدۇ.

## ئىبراھىمنىڭ ھاياتىدىن ئېلىشقا بولىدىغان بەزى ساۋاقلار ۋە ئىبرەتلەر

ئىنجىلدا، روسۇل پاۋلۇس ئىبراھىم توغرۇلۇق «ئۇ ئېتىقادچى بولغان بىزلەرنىڭ ئاتىمىزدۇر» دەيدۇ («رىم.» 16:4؛ يەنە «گال.» 29:3نى كۆرۈڭ). خۇدا ئىشلارنى شۇنداق بېكىتىپ ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئېتىقاد توغرۇلۇق نۇرغۇن ياخشى دەرسلەرنى ئۆگىنىشىمىز مۇمكىن، دەپ ئويلىساق خاتا بولمايدۇ. تۆۋەندە شۇ دەرسلەردىن بەزىلىرىنى كۆرىمىز.

### (1) شاپائەت، ئېتىقاد، ئىتائەتمەنلىك - 12:1-9

دەسلەپتە خۇدانىڭ ئىبراھىم (ئەسلىدە ئابرام»)غا بولغان چاقىرىقىغا سەپسېلەپ قاراپلى. «روس.» 2:7-3تىن شۇنى كۆرىمىزكى، خۇدا ئىبراھىمنى ئۇ ھاران شەھىرىدە تۇرۇشتىن ئىلگىرى، يەنى كالدىيەنىڭ ئۇر شەھىرىدە تۇرغىنىدا چاقىرغانىدى؛ شۇ ئايەتتە «ئاتىمىز ئىبراھىم تېخى مېسوپوتامىيە رايونىدا تۇرۇۋاتقاندا، يەنى ھاران شەھىرىگە كۆچۈپ ماكانلىشىشتىن ئىلگىرى، شان-شەرەپنىڭ ئىگىسى خۇدا ئۇنىڭغا ئايان بولۇپ: «سەن ئۆز يۇرتۇڭ ۋە ئۇرۇق-جەمەتىڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان يەرگە بارغىن» دېگەنىدى» دېيىلىدۇ.

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 12:1دە «پەرۋەردىگار ئابرامغا مۇنداق دېگەنىدى: —

سەن ئۆز يۇرتۇڭدىن، ئۆز ئۇرۇق-قېرىنداشلىرىڭدىن ۋە ئۆز ئاتا جەمەتىڭدىن ئايرىلىپ، مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان زېمىنغا بارغىن» دەپ

خاتىرىلىنىدۇ. «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىكى ئايەت بويىچە، شۇ گەپلەر ئىبراھىمغا دېيىلگەن گەپلەر ئۇ هاراندا ئەمەس، بەلكى ئۇر شەھرىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا دېيىلگەن.

«هاران» ئەسلىدە ئىبراھىمنىڭ «يۇرتى» ئەمەس ۋە ئۇنىڭ «ئۇرۇق-قېرىنداشلىرى» ياكى «ئاتا جەمەتى»نىڭ كۆپىنچىسى هاراندا تۇرغان ئەمەس، بەلكى ئۇردا تۇرغانىدى. شۇڭا خۇدانىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىبراھىم ئۇردىن يولغا چىقماقچى بولىدۇ. هالبۇكى، مۇقەددەس يازمىلاردا: «تەراھ بولسا ئوغلى ئابرامنى، نەۋرىسى لۇت (هاراننىڭ ئوغلى)نى ۋە كېلىنى، يەنى ئابرامنىڭ ئايالى ساراينى ئېلىپ، قانائان زېمىنىغا بېرىش ئۈچۈن كالدىيلەرنىڭ ئۇر شەھىرىدىن چىقتى؛ بىراق ئۇلار هاران دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى»

دەپ خاتىرىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرنى بايقاشقا بولىدۇ: —

(ئا) ئىبراھىمنىڭ ئۇردىن چىقىشىدا قانچىلىك راھەت-پاراغەتنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى هازىر تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز تەس. ئارخېئولوگلارنىڭ قېدىرىپ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇر شەھرى كەڭ-ئازادە، ناھايىتى باياشات، تۇرمۇشى راھەتلىك بىر شەھەر ئىكەن. ئۇلاردا ھازىرقى زاماندەك ئۆيلەرنى ئىسسىتىدىغان بىرخىل پار سىستېمىسىمۇ بار ئىدى. قەدىمكى زاماندا سېپىللىق شەھەرلەرگە خاس بولغان ئامان-ئېسەنلىكتە تۇرۇشنى ھەممە ئادەم خالايتتى؛ لېكىن ئىبراھىم بۇ ئامان-ئېسەنلىكنى تاشلاپ سەپەرلەردە يۈرۈپ، چېدىرلاردا تۇرۇشنى تاللىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ كۈنلەردە «خەرىتە» دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى؛ سەپەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي نامەلۇم بىر ئىش ئىدى. يولدا قانداق خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قاراقچىلار ۋە باندىتلار شۈبھىسىزكى ئاز ئەمەس ئىدى.

(ئە) روشەنكى، ئىبراھىم خۇداغا ئىتائەت قىلىشنى تاللىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تولۇق ئىتائەت قىلمىدى. چۈنكى ئۇ «ئاتا جەمەتى»دىن تېخى پۈتۈنلەي ئايرىلمىغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئاتىسى ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ ئىبراھىمنى قانائانغا چاقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، شۇ چاقىرىقنى ئۆز تەشەببۇسىغا ئايلاندۇرۇپ: «بىز قانائانغا بارايلى» دېگەن. بىز 11-بابتىن: «تەراھ بولسا ئوغلى ئابرامنى، نەۋرىسى لۇت (هاراننىڭ ئوغلى)نى ۋە كېلىنى، يەنى ئابرامنىڭ ئايالى سارايىنى ئېلىپ، قانائان

زېمىنىغا بېرىش ئۈچۈن كالدىيەلەرنىڭ ئۇر شەھرىدىن چىقتى» دەپ ئوقۇيمىز. ئۇلار يىراق يېرىم يولدا، يەنى هاراندا توختاپ قېلىپ، قانائانغا بارمىدى. ئىبراھىم خۇدانىڭ چاقىرىقىغا ئەگىشىش ئۈچۈن چېدىر بىلەن تەڭ يۇرۇشى كېرەك ئىدى؛ لېكىن ئاتىسىنىڭ: «هاران شەھرىدە ئامان ئېسەن بولىمىز» دېگەندەك گېپى بىلەن، ئۇ چېدىر تۇرمۇشىنى تاشلاپ، يەنە سېپىللىق شەھەردە تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم خۇدانىڭ چاقىرىقىغا تولۇق ئەمەل قىلماي ئاتىسى بىلەن شۇ يەردە توختاپ قالدى. ئۇلار ئاللىقاچان 1000 كىلومېتىر يول باسقان بولۇپ، قانائانغا بارىدىغان يولنىڭ يەنە 800 كىلومېتىرى قالغانىدى. تەراھ ئىبراھىمنى كېچىكتۈرۈپ قويدى. قىزىقكى، «تەراھ» دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى «كېچىكتۈرۈش» دېگەن مەنىسى بار ئىدى.

(ب) خۇدا ئىبراھىمنى «قىسمەن ئېتىقاد»ى ياكى تەخىر قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇ پەلەستىنگە يېتىپ بارغاندا پەرۋەردىگار يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭغا كۆرۈنىدۇ. ئاتا ئۆز بالىسىنىڭ ئايىغى چىقىپ تۇنجى قەدىمىنى باسقىنىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلايلى؛ خۇدا مۇشۇ يەردە «ئېتىقادلىق بالىسى» ئىبراھىمنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى كۆرۈۋاتقان ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بۇيرۇلغان سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرغىنىدا ئۇنىڭغا ئايان بولۇشى بىلەن ئۇنىڭدىن خۇش بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

(پ) 5:12دىن ئىبراھىم ئاخىرىدا هاراندىن كۆچۈپ كەتكىنىدە «... ئىنىسىنىڭ ئوغلى لۇتنى ئېلىپ ...كەتتى» دەپ ئوقۇيمىز. ئۇ نەۋرى ئىنىسى لۇتنىڭ ئۆزى خالاپ ئۆزىگە ئەگىشىپ ماڭغىنىنى توسيالمايتتى، ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇنى بىللە ئېلىپ ماڭغاچقا، ئۇ خۇدانىڭ ئەمرىدىن هالقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدۇ. كېيىن بۇ ئىش بەزى چاتاقلارنى تۇغدۇردۇ (13-باب).

### 1:12-3 خۇدانىڭ ئىبراھىم بىلەن بولغان ئەھدىسى

«سەن ئۆز يۇرتۇڭدىن، ئۆز ئۇرۇق-قېرىنداشلىرىڭدىن ۋە ئۆز ئاتا جەمەتىڭدىن ئايرىلىپ، مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان زېمىنغا بارغىن.
شۇنداق قىلساڭ مەن سېنى ئۇلۇغ بىر خەلق قىلىپ،
ساڭا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىپ،
نامىڭنى ئۇلۇغ قىلىمەن؛

شۇنىڭ بىلەن سەن ئۆزۈڭ باشقىلارغا بەخت-بەرىكەت بولىسەن؛
كىملەر ساڭا بەخت-بەرىكەت تىلىسە مەن ئۇلارنى بەرىكەتلەيمەن،
كىمكى سېنى خورلىسا مەن چوقۇم ئۇنى لەنەتكە قالدۇرىمەن؛
سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىدۇ!»

بىز مۇشۇ يەردە ئەھدىنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرى ئۈستىدە سەھىپە چەكلىمىسى بىلەن تەپسىلىي توختالمايمىز. بىز پەقەت خۇدانىڭ ئىبراھىمنىڭ ئىتائەت قىلىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئەھدىسىنىڭ: «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىدۇ!» دېگەن نەتىجىسى ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز. بۇ بەخت-بەرىكەتنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا كېلىشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئىسرائىل خەلقى ئارقىلىق بولدى، چۈنكى خۇدا ئۇلار ئارقىلىق ئۈچ جەھەتتىن ئۆزىنى ئايان قىلدى، يەنى: — (ئا) ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىردىنبىر خۇدا ئىكەنلىكىنى، «بۇتلار»نىڭ ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى؛ (ئە) بارلىق قانۇن-ئەقىدىلىرىدە ئۆز پاك-مۇقەددەس ماھىيىتىنى (پ) كۆرسەتكەن كارامەت-مۆجىزىلىرىدە ھەممىگە قادىر بولغان قۇدرىتىنى (ب) پەيغەمبەرلىرىنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق نىجات-شاپائەتلىك مەقسەت-مۇددىئالىرىنى ئايان قىلدى.

بەخت-بەرىكەتنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى، يەنى ھەممىدىن مۇھىم باسقۇچى مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

بىز يەنە شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، خۇدانىڭ شۇ ئەھدىدە ئىبراھىمنىڭ ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرى توغرۇلۇق: «كىملەر ساڭا بەخت-بەرىكەت تىلىسە مەن ئۇلارنى بەرىكەتلەيمەن، كىمكى سېنى خورلىسا مەن چوقۇم ئۇنى لەنەتكە قالدۇرىمەن» دېگەن ۋەدىسىنىڭ ئۆزى كۆپ ئەل-يۇرتلارنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ تارىخىنىڭ سىرلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچتىن ئىبارەتتۇر. قايسى ئەل-يۇرتلار يەھۇدىي خەلقىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا مېھرىبانە مۇئامىلە كۆرسەتكەن بولسا، شۇ ئەل-يۇرت راۋاج تاپقان؛ ئەمما قايسى ئەل-مىللەتلەر ئۇلارغا زىيانكەشلىك يەتكۈزگەن ياكى ئۇلارنى قەستلىگەن بولسا، ئاخىر بېرىپ ئوخشاش يولدا يوقاپ كېتىدۇ ياكى ئازابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىمنىڭ «روھىي ئەۋلادلىرى»، يەنى مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ

مەسىھنىڭ خوش خەۋىرىنى ئەركىنلىك بىلەن تارقىتىشىغا يول قويىغان ئەل-يۇرت بولسا روناق تاپقان؛ لېكىن قايسى ئەل-يۇرت خوش خەۋەرنىڭ جاكارلىنىشىنى توسماقچى بولۇپ ئېتىقادچىلارنىڭ جامائەتلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، زىيان تارتىپ كەلمەكتە.

## (2) ئىبراھىمنىڭ مىسىرغا چۈشۈشى 12:10-20

ئىبراھىمنىڭ «مىسىرغا چۈشۈشى»دە ئۇچرىغان ئاۋارىچىلىككە (پىرەۋننىڭ سارايىنى ئېلىپ كېتىشىگە) قارىغاندا، ئۇنىڭ مىسىرغا چۈشۈشى توغرا بولغانمۇ ياكى توغرا بولمىغانمۇ؟ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان تۇنجى سۆزى: «مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان زېمىنغا بارغىن» (1:12) دېگەنگە قارىساق، خۇدا كۆرسەتكەن «زېمىن» «قانائان زېمىنى» ئىكەنلىكى ئىبراھىمغا ئېنىق بولۇشى كېرەك ئىدى. زېمىندا ئاچارچىلىق بولغاندا خۇدا ئۇنىڭغا بىۋاستە يوليورۇق بەرگەنلىكى توغرۇلۇق تېكىستتە گەپ يوق؛ ئىبراھىم خۇدادىن يول سورىغانمۇ-سورىمىغانمۇ، بۇ توغرۇلۇقمۇ گەپ يوق. لېكىن ھېچ بولمىغاندا، خۇدا ئىبراھىمغا شۇ زېمىننى ئالاھىدە كۆرسىتىپ باشلىغانىكەن، ئىبراھىمنىڭ: «خۇدا مۇشۇ زېمىندا بارلىق موھتاجلىقلىرىمنى تەمىنلەپ بېرىدۇ»، دېگەن ئىشەنچتە بولۇشى مەنتىقىغە تولىمۇ ئۇيغۇن ئىدى. بۇ ئىشقا قارىغاندا، خۇدا ئىبراھىمغا بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭغا بىرىنچى سىناقنى قويغان بولۇشى مۇمكىن.

مىسىر زېمىنىغا كىرىش ئۈچۈن بىكىتىلگەن چېگرا «مىسىر ئېقىنى»دىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى؛ ئىبراھىم چېگرىدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ «خۇدا بېكىتكەن زېمىن»دىن چىقىپ كەتلەنلىكى ئۆزىگە ئېنىق بولغان بولسا كېرەك.

شۇڭا (زېمىندا ئاچارچىلىق بولغاچقا) شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئىبراھىمدا «خۇدانىڭ ماڭا بېكىتكەن زېمىندا مەن ئۈچۈن كېرەك بولغاننى تەمىنلەيدۇ» دېگۈدەك ئىشەنچ كەم بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت بىز يەنە تۆۋەندىكى ئىشلارنىمۇ بايقايمىز: —

(ئا) مىسىرغا چۈشكەندىن كېيىن ئىبراھىمنىڭ: «بىرسى سارايىنى مەندىن تارتىۋالارمىكىن» دېگەن ئەنسىرەشلىرى ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئۆزىگە قىلغان بەخت-بەرىكەت توغرۇلۇق ۋەدىلىرىگە، جۈملىدىن «سېنى ئۇلۇغ بىر ئەل قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسىگە تېخىچە تولۇق ئىشەنمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ؛ چۈنكى بىرسى ئايالىنى ئىگىلىۋالسا ئۇ بالىسىز بولۇپ قالاتتى، ئەلۋەتتە؛ لېكىن خۇدا «بالىلىق بولىسەن» دېگەن ۋەدىنى قىلغان.

(ئە) خۇدا دەرۋەقە ئۇنى كۆپ بەرىكەتلىدى؛ ئۇنىڭ ئايالى ئاتمىش ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەر كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا چۈشۈشى مۇمكىن ئىدى.

(ب) ئىبراھىمنىڭ سارايغا ئېيتقان سۆزلىرى سارايىنىڭ بىختەرلىكى توغرۇلۇق ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ بىختەرلىكى توغرۇلۇق بولغان (13-ئايەت). لېكىن ئۇ كۆپ ئۆتمەيلا باشقا بىرخىل پوزىتسىيەنى كۆرسىتىدۇ، لۇتقا كۆيۈنۈپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز جېنىنى تەۋەككۇل قىلىشقا رازى بولىدۇ (14-باب).

(پ) ئۇنىڭ پىرەۋنگە بولغان سۆزلىرى «يېرىم راست» (سارايى ئۇنىڭ بىر ئاتىدىن بولغان سىڭلىسى ئىدى — 12:20نى كۆرۈڭ) بولسىمۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى يالغان دەپ ھېسابلاش كېرەك.

(ت) ئىبراھىمنىڭ شۇنداق ئىشەنچسىزلىك تەرەپلىرى بار بولسىمۇ، خۇدا ئۇنىڭدىن ھېچ ۋاز كەچمەيدۇ؛ چۈنكى خۇدا ئىبراھىمنىڭ ئېتىقادى تۈپەيلىدىن ئالللاقاچان ئۇنى بەرىكەتلەشكە ۋە قوغداشقا ۋەدە قىلغانىدى. پىرەۋن ئۆز ئۆردىسىدىكىلەرگە چۈشكەن ۋابالارنىڭ سارايىنىڭ سەۋەبىدىن چۈشكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ (17-ئايەت). ئاخىر بېرىپ پىرەۋن سارايىنىڭ ۋەجىدىن ئىبراھىمغا بەرگەن سوۋغاتلارمۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇۋېرىدۇ (2-1:13)!

## (3) ئىبراھىمنىڭ مۆمىنلىكى؛ خۇدانىڭ تەربىيىلىك جازالىرى؛ لۇت بىلەن بولغان ماجىرا ـ 13-باب

مىسىردىن قايتقاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەسلىدە قانائاندىن مىسىرغا يولغا چىققان جايغا قايتىپ بارىدۇ (3-ئايەت). بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىزگە ئۇنىڭ مىسىرغا چۈشكەنلىكىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىگە ئىسپات بېرىدۇ.

گەرچە لۇت ئۇنىڭدىن ياش بولسىمۇ، لۇتنىڭ پادىچىلىرى ماجىرا چىقارماقچى بولغاندا، ئۇ ئۇلار ياكى لۇت بىلەن ھېچ تالاش-تارتىش قىلمايدۇ؛ بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ئۇ لۇت بىلەن قېرىنداش بولغاچقا، زېمىندىكى پەرىززىلەر ئالدىدا تالاش-تارتىش قىلىشنى شەرمەندىلىك ئىش دەپ بىلگەن (7-8-ئايەت). خۇدا ئۇنىڭغا ئالللاقاچان بۇ زېمىننى «ساڭا بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ماجىرا بولغاندا ئىبراھىم لۇتقا: بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكىن، دەپ بۇيرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. بىراق ئىبراھىم خۇدانىڭ ۋەدىسى بويىچە بۇ زېمىن بەربىر مېنىڭكى دەپ تولىمۇ خاتىرجەم

ھالدا لۈتقا: ــ قايسى يەردە تۇراي دېسەڭ، شۇ يەرگە بارغىن، دەپ تولۇق تاللاش ھوقۇقىنى لۈتقا بېرىدۇ. لۈت ھەم باياشاتلىق ھەم ئامان-ئېسەنلىكنى بېرىنچى ئورۇنغا قويۇپ سودوم تەرەپتىكى يەرلەرنى تاللاپ: «سودوم خەلقى رەزىل ئادەملەر بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئېغىر گۇناھكارلار ئىدى» دېگەن بىلەن كارى بولمىدى. ئاخىر بېرىپ ئۇ بۇ چوڭ خاتالىق ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ.

دەرۋەقە لۈت ئىئوردان دەرياسىنىڭ تۈزلەڭلىكىنى تاللىغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار ئىبراھىمغا ئۆزى ئېيتقان سۆزىنى قايتىلاپ: «سەن كۆرۈۋاتقان بارلىق زېمىنلار (جۈملىدىن لۈت تاللىغان جايلار!) سېنىڭكى» دەيدۇ. ئىبراھىمنىڭ بۇ ئىشتا بولغان پوزىتسىيىسى مۇقەددەس كىتابتىكى «مۆمىن» دېگەن مۇھىم سۆزنىڭ مەنىسىنى بىزگە ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. يەنە بۇ توغرۇلۇق «چۆل.» 3:12، «زەب.» 9:25، «مات.» 5:5، 29:11، «1تىم» 25:2نىمۇ كۆرۈڭ.

## (4) «روھىي ئۇرۇش»؛ مەلكىزەدەك ـ 14-باب

لۈت سودوم شەھىرىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرىگە چېتىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئىبراھىم ئۇ توغرۇلۇق «كارىم يوق» «خوپ بولدى!» دېمەيدۇ، بەلكى ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاز بىر قىسىم ئادەملەرنى (جەمئىي 300 ئادەمنى) باشلاپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار پۈتۈن كېچە يۈز كىلومېتىر يول باسقاندىن كېيىن خۇدا ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلىدۇ.

ئىبراھىم قايتىپ بېرىشى بىلەنلا سىرلىق زات مەلكىزەدەك تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىدۇ. مەلكىزەدەكنىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق ئىنجىلدىكى «ئىبرانىيلارغا»دا (7-بابلاردا) بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغاچقا، بىز شۇ جايدىكى «قوشۇمچە سۆز»دە ئۇنىڭ ئۈستىدە توختىلىمىز. ئۇ «نان بىلەن شاراب ئېلىپ ئالدىغا چىقتى» ــ بۇ ئىش بىزگە رەب ئەيسا مەسىھنىڭ «مۇقەددەس زىياپەت» ياكى «رەبنىڭ زىياپىتى»نى بېكىتكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ («مات.» 26:26-28، «لۇقا» 16:22-20).

ئىبراھىم مەلكىزەدەكنىڭ بەرىكەتلىشى بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن بولۇپ، سودوم پادىشاھىنىڭ ئولجىلاردىن ئىنئام ئالغىن دېگەن تەشەببۇسىنى رەت قىلىدۇ. رەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۈبھىسىزكى، ئۇ بۇ رەزىل ئادەم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىدە بولۇشنى

خالىمايتتى. ئۇنىڭ بۇ رەت قىلىشى سودومنىڭ پادىشاھىنى رەنجىتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشتىن كېيىن پەرۋەردىگار ئىبراھىمغا «قورقما» دەپ تەسەللى بېرىدۇ (1:15).

ئىبراھىم ئۆز-ئۆزىگە: «سودوم پادىشاھى بىلەن ئالاقەم بولمىسۇن» دېگەن چەكلىمىنى (ھېچقانداق ئىنئام ئالمايمەن دېگەنىدەك) ئۈچ دوستى ئانەر، ئەشكول ۋە مامرەگە قويمايدۇ. چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن بولمىغاچقا، ئىبراھىم ئۆزىگە قويغان قاتتىق تەلەپنى ئۇلارغا قويمايدۇ. ئۇلار خالىسا ئولجىدىن تېگىشلىك بىر ئىنئامنى ئالسا بولىدۇ، دېيىلىدۇ (24-ئايەت).

## (5) ھەققانىيلىق خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە ئىنساننىڭ ئېتىقادى ئارقىلىق بولىدۇ ـ 15-باب

ئىزاھاتلىرىمىزدا ئېيتقىنىمىزدەك، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبراھىمغا 1:15دە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئىككى تەرەپتىن، يەنى «مەن ئۆزۈم قالقىنىڭ ۋە زور ئىنئامىڭدۇرمەن» ياكى «مەن ئۆزۈم قالقىنىڭ، ساڭا زور ئىنئام بەرگۈچىدۇرمەن» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئىبراھىم، شۈبھىسىزكى، بۇ باياننى ئىككىنچى مەنىدە چۈشىنىدۇ. لېكىن تەۋراتتىكى باشقا يەرلەردىن، يەنى «قان.» 9:10، «زەب.» 5:16، 26:73، 5:142، «يەر.» 16:10، 19:51، «يىغ.» 24:3 ۋە ئىنجىلدىكى ھەققەتلەردىن، مەسىلەن «يۇھ.» 23:17، 26، «1كور.» 2:1، «2پېت.» 4:1 ۋە كۆپ باشقا يەرلەردىن خۇدانىڭ بۇ باياننى يۇقىرىقى بىرىنچى مەنىسى بويىچە، يەنى ئەڭ مۇھىم مەنىسى بويىچە: «خۇدا دەل ئۆزىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە تەقدىم قىلماقچى» دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك.

بىراق خۇدا ئىبراھىمنىڭ چۈشەنگىنى بويىچە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ئىبراھىمنىڭ پەقەت سارايدىن ئىبارەت بىرلا ئايالى بولغاچقا، ئۇ شۈبھىسىزكى، خۇدا ماڭا باشقا ھېچبىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى شۇ بىردىنبىر ئايالىم ئارقىلىقلا پەرزەنت كۆرگۈزىدۇ، دەپ چۈشەنگەن بولسا كېرەك. خۇدا بۇ قېتىم ئۇنىڭغا «سېنىڭ نەسلىڭمۇ يۇلتۇزلاردەك كۆپ بولىدۇ» دەپ ۋەدە قىلغان. پەرزەنت توغرۇلۇق بىرىنچى قېتىملىق ۋەدىسىدە «سېنىڭ نەسلىڭنى يەردىكى توپىدەك كۆپ قىلىمەن» دېيىلگەنىدى (16:13). مۇشۇ يەردە ئىبراھىمنىڭ ئىككى خىل نەسلى،

بىرسى «توپا»دەك، يەنى پانىي دۇنياغا تەۋە بولغان نەسلى (ئىسرائىل)، يەنە بىرسى «ئەرشتىن» بولغان نەسلى (يەنى «مەسىھدىن تۇغۇلغان» جامائەتتىكى بارلىق ئېتىقادچى مۆمىن بەندىلەر) بولىدۇ، دەپ پۈرىتىلغانلىقىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك («رىم.» 4:1نى كۆرۈڭ).

قانداقلا بولمىسۇن، بىر ئىش بىزگە روشەنكى، ئىبراھىمنىڭ خۇداغا باغلىغان ئېتىقادى تۈپەيلىدىن خۇدا ئۇنى ھەققانىي دەپ ھېسابلىدى. خۇدا بۇ دەۋردە ئۆزى ئەۋەتكەن مەسىھنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەنلىكىگە ئېتىقاد باغلىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەققانىي دەپ ھېسابلايدۇ («رىم.» 4:22-25، 8:10-9).

قەدىمكى زامانلاردا ئەھدىلەر ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇڭا خۇدا ئۆزىنىڭ ئىبراھىمغا ئېيتقان سۆزىنى مۇتلەق جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە تۈزىدۇ. ئەھدە بىلەن ۋەدىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا ئۆزئارا ئېيتىلىدىغان قەسەمدىدۇر. شۇ كۈنلەردە كۆپ ئەھۋالدا قەسەم بۇقا، قوي ياكى ئۆچكە ئېلىپ ئۇلارنى سويۇپ، ھەربىر ھايۋاننى ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ، ئاندىن بىر-بىرىگە قەسەم ئىچمەكچى بولغانلار شۇ ھايۋاننىڭ ئىككى بۆلىكىنىڭ ئارىلىقىدىن بىللە تەڭ ئۆتۈشى ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلغان قەسىمى: «مەن بۇ قەسەمگە ئەمەل قىلمىسام، خۇدا مېنى مۇشۇ ھايۋانلارغا قىلىنغىنىدەك قىلسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىلسۇن!» دېگەنىدەك بولاتتى («يەر.» 34:13-20نى كۆرۈڭ). شۇڭا ئىبراھىم خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن ئەھدە تۈزمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، ئىنەك، ئۆچكە، قوچقار، كەپتەر ۋە پاختەكنى سويىدۇ، جەسەتلىرىنى ئىككى دۆۋە قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن ئەھدە تۈزۈشكە كېلىشىنى كۈتىدۇ. شۇ ئىسسىق كۈندە ئۇ ئۆزىنى ئۇيقۇدىن ساقلىشى ۋە قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىنى قاغا-قۇزغۇنلاردىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنى قوغلاپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئاخىر بېرىپ كەچ كىرگەندە ئۇ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئۇنى قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك بىرخىل قاراڭغۇلۇق باسىدۇ، قاراڭغۇلۇق بەلكىم ئۆز ئەۋلادلىرى كەلگۈسىدە مىسىردا كۆرىدىغان زۇلۇمنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدىغان بېشارەت بولۇشى مۇمكىن (13-14-ئايەت). لېكىن ئۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا خۇدانىڭ ئۆزىلا (ئىس-تۈتەك چىقىپ تۇرغان بىر ئوتدان بىلەن يالقۇنلۇق بىر مەشئەل كۆرۈنۈشىدە) «گۆشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان»لىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئىشلارغا قارىغاندا، خۇدا بۇ ئەھدىسىنى جەزملەشتۈرگىنىدە ئىبراھىمدىن ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىشقا ئىمان-ئىشەنچتىن باشقا ھېچنېمە تەلەپ قىلمىغانىدى! بۇ شۈبھىسىزكى، ئىنجىلدىكى

«يېڭى ئەھدە»گە ئالدىنئالا بىشارەت بېرىدۇ؛ يېڭى ئەھدىدە خۇدا خەلقىگە قايتا-قايتا: «مەن قىلىمەن...، مەن قىلىمەن...، مەن قىلىمەن...» دەيدۇ («يەر.» 31:31-34، «ئەز.» 26:36-32). بىزگە بېرىدىنبىر كېرەك بولغان ئىش قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت، خالاس!

## (6) خۇدا ۋەدە قىلغان ئىشنى كۈتۈش - «ئىنساننىڭ ئۆز ئەقلىدىن چىققان پىلانى» - ھەجەر (16-باب)

ھالبۇكى، ئىبراھىم خۇدا ۋەدە بەرگەن پەرزەنتنى كۈتىدۇ، كۈتىدۇ. خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. ئون يىل ئۆتىدۇ. خۇدانىڭ ۋەدىلىرىنى كۈتۈش بەلكىم ئىنسانلار ئۇچرايدىغان سىناقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىيىنلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئاخىرىدا ئايالى ساراي «ئوبدان بىر ئەقىل-تەدبىر» تاپىدۇ. خۇدانىڭ پىلانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىز تاپقان «ياخشى ئەقىللىرىمىز»نىڭ ياردىمى كېرەك بولامدۇ؟! ھالبۇكى، ئىبراھىم ئاخىرىدا سارايىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىگە قوشۇلۇپ، سارايىنىڭ دېدەكىنى توقاللىققا ئالىدۇ. شۇ دەۋرلەردىكى قانۇنلار بويىچە بىرسىنىڭ ئايالى تۇغماس بولسا، كېنىزەك ياكى توقالدىن تۇغۇلغان باللار تۇغماس ئايالىنىڭ بالىسى ھېسابلىناتتى (مەسىلەن، «يار.» 2:30-13نى كۆرۈڭ).

ھەجەر ھامىلدار بولىدۇ. ئۇ خۇدانى تېخى تونۇمايدىغىنى ئۈچۈن تەكەببۇرلىشىپ، سارايىنى مازاق قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىبراھىمغا ئامراق بولۇپ، سارايىنىڭ ئورنىنى باسالايمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ساراي خاپا بولۇپ بۇ كۆڭۈلسىزلىك ئۈچۈن ئېرىنى ئەيىبلەپ: — «ماڭا چۈشكەن بۇ خورلۇق سېنىڭ بېشىڭغا چۈشسۇن!» دەيدۇ. ئۇ توغرىمۇ؟ توغرا، دەپ قارايمىز؛ چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارغا ئائىت بارلىق قارارلاردا ئەر كىشى ئائىلە باشلىقى سۈپىتىدە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەسلىدە بۇ ئىش سارايىنىڭ ئەقلى بولسىمۇ، ئېرى ئۇنىڭغا قوشۇلغانىدى.

ھازىرقى پۈتكۈل دۇنياغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئەڭ دەھشەتلىك جېدەل-ماجىرالاردىن بىرى بولغان، ئىسھاقتىن چىققان يەھۇدىي خەلقى بىلەن ئىسمائىلدىن چىققان ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل دەل بۇ كىچىككىنە ئۆيدىكى زىددىيەت بىلەن باشلاندى، شۇنداقلا خۇداغا تولۇق ئىشەنمەسلىكتىن يېنىش بىلەن باشلاندى، دېگىلى بولىدۇ.

ئىبراھىم ھەجەرنى سارايىنىڭ قولىغا تاپشۇرغاندا، ساراي ئۇنى شۇنچە قاتتىق خارلايدۇكى، ھەجەر قېچىپ كېتىدۇ. بۇ قاتتىق مۇئامىلە، يەنى ھەجەرنى ئۆيدىن ھەيدىۋېتىش خۇدانىڭ نەزىرىگە توغرا ئىشمۇ؟ جاۋابىمىز شۇكى، بۇ توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنى ئايال خوجايىنىنىڭ يېنىغا قايتۇرىدۇ (9-ئايەت)! ئىبراھىم بىلەن سارايمۇ ئەسلىدە ئۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماسلىقى كېرەك ئىدى؛ ئۇلار ھەجەرگە بولغان رەھىمسىز مۇئامىلىسى ئۈچۈن جاۋابكار بولۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك؛ خۇدانىڭ بارلىق خەلقىمۇ شۇنى ئۆگىنىشى كېرەك.

ھەجەر چۆل-باياۋانغا قاچقاندا نېمە ئوي-خىيالدا بولدى؟ ھامىلدار بولغان ئىلاجسىز بىر قىزنى چۆل-باياۋانغا ھەيدىۋېتىدىغان رەھىمسىز كىشىلەرنى تەستىقلەيدىغان خۇدا قانداق بىر خۇدادۇر؟ دۇنيانى چۈشىنىش نېمىدېگەن تەس! خۇدا ئەگەر شۇنداق خۇدا بولسا ئۇنى چۈشىنىش دۇنيانى چۈشىنىشتىن تېخىمۇ تەس بولاتتى!

كۈتۈلمىگەندە، ھەجەر «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نىڭ ئاۋازىنىڭ ئەرشتىن ئۆزىگە سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلايدۇ! ئوقۇرمەنلەر «تەبىرلەر»دىكى «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق سۆزلىرىمىزنى كۆرسۇن. شۇ يەردە بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ ئۇلۇغ زات ئىنسان بولۇشقا دۇنياغا كېلىپ تۇغۇلۇشىدىن ئىلگىرى نىجات مەقسەتلىرىدە ئىنسانلارغا پەرىشتە شەكلىدە ئايان بولغان، خۇدانىڭ ئوغلى بولغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھدىن باشقا ھېچبىرى ئەمەس، دەپ ئىشىنىمىز. لېكىن «ئىبر.» 7:13دە ئېيتىلغاندەك «ئەيسا مەسىھ تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەبەدئىلئەبەدگىچە ئۆزگەرمەيدۇ!» — ئۇ ئەزەلدىن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە ھەردائىم «ياخشى پادىچى» بولىدۇ («يۇھاننا» 10-باب، «لۇقا» 3:15-7، 10:19). ئۇ مۇشۇ يەردە ھەجەرنى «تاپىدۇ»، ئۇنىڭغا سوئال قويىدۇ. بۇ ئىشتا مىسرلىق دېدەك بولغان بۇ بىچارە قىزغا بەلكىم پۈتۈن ئۆمرىدە بىرسىنىڭ ئۆز ھالىغا ھەقىقىي كۆيۈنۈشى، ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىغا قىزىقىشى تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. خۇدا ئۇنىڭغا ئۆزى ۋە بالىسىدىن خەۋەر ئېلىشقا، ھەتتا بالىسىدىن «ئۇلۇغ بىر ئەل» چىقىرىشقىمۇ ۋەدە قىلىدۇ. ھېچكىم خۇدانىڭ ھەجەرگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىغا گۇمان قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە؛ ئەرەب ئەللىرى بولسا دەرۋەقە بۈگۈن 250 مىليون نوپۇسقا ئىگە ناھايىتى «ئۇلۇغ بىر ئەل». ئىسمائىل «ياۋا ئېشەك كەبى بىر ئادەم بولىدۇ؛ ئۇنىڭ قولى ھەر ئادەمگە قارشى ئۇزىتىلىدۇ، شۇنىڭدەك ھەر ئادەمنىڭ قولى ئۇنىڭغا قارشى ئۇزىتىلىدۇ؛ ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ

ئۇدۇلىدا ئايرىم تۇرىدۇ» (ياكى «شەرق تەرىپىدە تۇرىدۇ») دېگەندەك بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشاش مىجەزدە بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ ئەرەب مىللىتىنى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا گۇناھكارراق دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. دۇنيادىكى بارلىق ئەل-مىللەتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق «گۇناھكار تەبىئىتى» باردۇر (مەسىلەن، «تىت.» 12:1نى كۆرۈڭ) — ۋە ھەممىمىز خۇدانىڭ مەسىھدە بولغان نىجاتىغا تولىمۇ موھتاجمىز.

بۇ ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن ھەجەرنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان، خۇدانى چاقىرىدىغان: «مېنى كۆرگۈچى تەڭرى!» دېگەن نامنى قويۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش□ ئەمەس (13-ئايەت).

بۇ بارلىق ئىشلاردا روشەن بىر خاتالىق بولغىنى بىلەن، ئىبراھىم خۇدا ئىسمائىلنى مېنىڭ ۋارىسىم سۈپىتىدە قوبۇل قىلسا ئىدى، دېگەن ئۈمىدنى ساقلاپ كېلىدۇ. لېكىن 17-بابتىن كۆرگىنىمىزدەك، خۇدا ئۇنىڭ ئۈمىدىدەك قىلمايدۇ؛ ئىسمائىل چوڭ بولۇۋاتقان ئون ئۈچ يىلدا خۇدا ئىبراھىمغا نىسبەتەن سۈكۈت قىلىدۇ (16:16-1:17)؛ شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قايتا ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا باشلايدۇ (17-باب).

## (7) تەۋرەنمەس، مۇتلەق ئىمان-ئىشەنچ ـ بىر ئاتىنىڭ ئېتىقادى (17-باب)

كۆرگىنىمىزدەك، خۇدا ئەسلىدە ئىبراھىمنى ئۆز شاپائىتى بىلەن چاقىرغاندىن كېيىن، گەرچە ئۇ «يىرىم يولدا» ئۇزۇن ۋاقىتتا ئاتىسى بىلەن هاراندا تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، خۇدا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ تاشلىۋەتمىدى. مۇشۇ يەيتتە، «ئېتىقاد يولى»نىڭ يېرىمىدا، خۇدا يەنىلا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيدۇ. گەرچە ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ «تىرىشىش-تىرمىشىشلىرى» بىلەن تۇغۇلغان بولسىمۇ، گەرچە بۇ ئىشتىن ئائىلىسىدە كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئىناقسىزلىق پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىسمائىلغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلۇم دەپ ئىشەنگەن ياكى ئۈمىد قىلىپ، ئېتىقاد يولىدا يەنە «ئوتتۇرىدا» توختىغان بولسىمۇ، خۇدا يەنىلا ئۇنىڭ ئىمان-ئېتىقادىنى كامالەتكە يەتكۈزمەكچى بولىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك سۈكۈتتىن كېيىن ئۇنىڭغا: «مەن قادىر تەڭرىدۇرمەن. سەن مېنىڭ ئالدىمدا مېڭىپ، كامىل بولغىن» دەيدۇ.

خۇدا ئىزدەيدىغان ئۇنداق «كامالەت»نىڭ (ئىبرانىي تىلىدا «تامام» دېيىلىدۇ) ئەڭ مۇھىم تەرىپى ئېتىقاد جەھەتتىكى كامالەتتۇر. ھەرقانداق ئادەم خۇدانى «ھەممىگە قادىر» دەپ بىلمىسە كامىل بولالمايدۇ؛ لېكىن بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر دەپ بىلسەك، ئۇنداقتا ئۇ ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ، جۈملىدىن ئېتىقادىمىز ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىمىزنى كامالەتكە يەتكۈزەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىمىز كېرەك.

ئىبراھىم خۇدانىڭ يەنە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىنىدىن خۇشال بولۇپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ سەجدىدە دۇم ياتىدۇ. خۇدانىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئۇنى بەك تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. چۈنكى گەرچە ئۇ ۋارىس جەھەتتە ئوغۇل پەرزەنتسىز بولسىمۇ، خۇدا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ: «سېنىڭ ئىسمىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئابرام («ھۆرمەتلىك ئاتا») ئاتالمايدۇ، بەلكى ئىسمىڭ ئىبراھىم («كۆپ ئەل-مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى») بولىدۇ؛ چۈنكى مەن سېنى نۇرغۇن ئەل-مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى قىلدىم» دەيدۇ. مۇشۇ يەردە ئېتىقاد ۋە خۇدانىڭ سۆزى توغرۇلۇق تولىمۇ ئاساسىي ھەقىقەتنى كۆرىمىز — خۇددى روسۇل پاۋلۇس ئېيتقىنىدەك: «خۇدا مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەرنى بار دەپ مەۋجۇت قىلىدۇ» («رىم.» 17:4). ئېتىقادى بار بولغانلار خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ نەتىجىسىنى تېخى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى رېئاللىق دەپ قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم يېڭى ئىسمىنى ھېچ ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆيىگە قايتقىنىدا شۇنىڭغا ئاساسەن خۇدانىڭ شۇ چاغدا ئۆزى بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنىڭ بەلگىسى بولغان سۈننەتنى بارلىق ئەركەك كىشىلەرنىڭ تېنىدە ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ يېڭى ئىسمىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى «ساراڭ» دەپ چاقىرغانلارمۇ ئاز ئەمەس بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن روسۇل پاۋلۇس مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ، ئىبراھىمنىڭ ئېتىقادى شۇنچە كۈچلۈككى، ئۆز تېنىدىكى ئاجىزلىقىغا، يەنى جىسمانىي جەھەتتىن ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئۈمىدىنىڭ يوقلۇقىغا سالماقلىق بىلەن قارىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگىنىدە، بۇ ئىشنىڭ پەقەت خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ ئايان قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، دەپ بىزگە مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: — «ئۇ يۈز ياشقا يېقىنلاپ، تېنىنى ئۆلگەندەك ھېسابلىسىمۇ، شۇنداقلا ئايالى سارانىڭمۇ بالىياتقۇسىنى ئۆلۈك دەپ قارىسىمۇ، يەنىلا ئېتىقادتا ئاجىزلاشمىدى؛ خۇدانىڭ ۋەدىسىگە نىسبەتەن ئېتىقادسىزلىق قىلىپ ھېچ ئىككىلەنمىدى، ئەكسىچە ئۇ

ئېتىقادى ئارقىلىق كۆچەيتىلدى ۋە خۇدانى ئۇلۇغلىدى، «ئۇ نېمىنى ۋەدە قىلغان بولسا شۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگىدۇر» دەپ تولۇق ئىشەندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ «ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى ھېسابلاندى» («رىم.» 4:19-22). مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ ۋەدىسى چوقۇم سارايى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، دەپ ئېنىقلاشتۇرۇلىدۇ. ئىبراھىم شۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىماندىن ۋە خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كېتىدۇ (17-ئايەت)؛ لېكىن ئۇ يەنىلا ئىسمائىل ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ ۋە دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئەمر قىلىنغىنى بويىچە قىلىشقا ئۆيىگە قايتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇكى، سۈننەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سەككىزىنچى كۈنى ئەڭ مۇۋاپىق پەيتتۇر. تىبابەتچىلىك ئىلمى بويىچە سەككىزىنچى كۈنى ئوپېراتسىيە قىلىش يالللۇغلىنىش ئېھتىماللىقى ئەڭ تۆۋەن ۋە ئازابى ئەڭ يېنىك چاغ بولىدۇ. ئىبراھىمدىن تارتىپ يەھۇدىي خەلقى ئوغۇللىرىنى شۇ كۈنى سۈننەت قىلىپ كەلمەكتە.

سارايىنىڭ ئىسمىمۇ سارايدىن («مېنىڭ مەلىكەم») ساراھقا («مەلىكە») ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ سارايىنىڭ «مەلىكە»لىك سالاھىيىتى پەقەت ئىبراھىم تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى ھەممە ئادەم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

## (8) خۇدانىڭ ئىبراھىمنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشى توغرۇلۇق ۋەدىسىنى يەنە قايتىلىشى ـ ئىبراھىمنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتى، يەنى خۇدانىڭ ئويلىرىنى، ئىرادىسىنى چۈشىنىپ دۇئا قىلىشى ـ 18-باب

ئۇزۇن ئۆتمەيلا، پەرۋەردىگار يەنە ئىبراھىمغا ئۆزىنى ئايان قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئايان بولۇش ئۇنىڭغا ئىسھاق («كۈلكە»)نىڭ دۇنياغا كېلىش ۋاقتىنىڭ بېكىتىلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ھەم بۇ «يوقلاش» ئارقىلىق ساراھنىڭ ئېتىقادىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە پەيغەمبەر دېگەننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى (چۈنكى ئىبراھىم دەرۋەقە پەيغەمبەر ئىدى) كۆرسىتىش ئۈچۈن بولىدۇ.

پەرۋەردىگار بۇ قېتىم ئۆزىنى ئىبراھىمغا ئايان قىلغىنىدا، ئىككى ھەمراھىنى باشلاپ كېلىپ، ئۆزىنى ئىنسان قىياپىتىدە كۆرسىتىشنى تاللايدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ (15:19). ئىبراھىم ئاۋۋال ئۇلارنى پەقەت ئاددىي مېھمانلار دەپ ئويلاپ قالىدۇ («ئىبر.» 2:13نى كۆرۈڭ)؛ لېكىن كېيىنكى پاراڭدا پەرۋەردىگار ئىبراھىمغا: «مەن كېلەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا قېشىڭغا جەزمەن قايتىپ كېلىمەن، ۋە مانا ئۇ ۋاقىتتا ئايالىڭ ساراھنىڭ بىر ئوغلى بولىدۇ» دەپ ئېيتقان چاغقىچە ئىبراھىم ئاللىقاچان بۇ ئۈچىنىڭ ئارىسىدىكى خوجايىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى. ساراھ ئىشەنچسىزلىكى ئۈچۈن ئەيىبلىنىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياشانغان بولسىمۇ (90 ياشقا كىرگەن) ئوغۇل پەرزەنت تۇغۇشقا كېرەك بولغان جىسمانىي كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئېتىقادتا كۈچلەندۈرۈلىدۇ («ئىبر.» 11:11)

رەب سودوم شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ، ئەمما يولدا كېتىۋېتىپ: «مەن قىلىدىغان ئىشىمنى ئىبراھىمدىن يوشۇرسام بولامدۇ؟ چۈنكى ئىبراھىمدىن ئۇلۇغ ۋە كۈچلۈك بىر ئەل چىقىدۇ ۋە شۇنىڭدەك يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەل-مىللەتلەر ئۇ ئارقىلىق بەخت-بەرىكەتكە مۇيەسسەر بولىدىغان تۇرسا؟ چۈنكى مەن ئۇنى بىلىپ تاللىغانمەن؛ ئۇ چوقۇم ئۆز بالىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ھەققانىيلىقنى ۋە ئادالەتنى يۈرگۈزۈشنى ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەنكى پەرۋەردىگار ئىبراھىم توغرۇلۇق قىلغان ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن» دەيدۇ.

مۇشۇ يەردە، خۇدانىڭ سۆزلىرىدىن پەيغەمبەر دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى نامايان بولىدۇ؛ پەيغەمبەر بولغۇچى پەقەت «كەلگۈسى ئىشلارنى ئالدىنئالا ئېيتقۇچى»لا ئەمەس، بەلكى خۇدا ئۆز سىرلىرى ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان، خۇدانىڭ كۆڭلى، ئوي-مۇددىئالىرى ۋە ئارزۇ-نىشانلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان، شۇنداقلا بۇ ئارزۇ-نىشانلىرىنى ئۆزىنىڭكى قىلىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. كۆرىمىزكى، خۇدا دەرۋەقە شۇنداق ئادەملەرنى ئىزدىمەكتە؛ ئۇنىڭ بارلىق دەۋرلەردە ئىنسانلارغا بولغان چاقىرىقىنىڭ جەۋھىرى دەل مۇشۇ سىرداشلىقتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئۆزىنىڭ: «سودوم بىلەن گومورىرا توغرىسىدىكى داد-پەرياد» (يەنى سودوم بىلەن گومورىرا تەرىپىدىن خورلانغان ۋە زۇلۇم يېگەنلەردىن كۆتۈرۈلگەن داد-پەرياد)نى تەكشۈرۈش مەقسىتىنى ئايان قىلىدۇ؛ ئەھۋال دەرۋەقە شۇ داد-پەرياد بويىچە بولسا ئۇ ئۇلارنى جازالايدۇ. ئىبراھىم دەرھال نەۋرى ئىنىسى لۇتنى ئويلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىشقا كىرىشىدۇ — ھەتتا بۇنداق دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋېرىشقا ئۆز ھاياتىنى تەۋەككۇل قىلىپ خۇدانىڭ غەزىپىنى توسماقچى بولۇپ، خۇدانىڭ ماڭىدىغان يولىنى توساپ تۇرىدۇ. ئۇ لۇت ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى چوقۇم ھەققانىي ئادەملەر، شۇنداقلا شەھەردە ئۇلارغا ئوخشاش باشقا ھەققانىيلار بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ: «سەن خۇدا ئەڭ ئادىل سوراقچى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ۋەجەدىن شەھەرنى ئايىشىڭ كېرەك» دېگەندەك ئىلتىجا قىلىدۇ. دەسلەپتە «ھەققانىيلارنىڭ سانى» ئەللىك دەپ دۇئا قىلىدۇ؛ ئاخىرى ئونغا چۈشىدۇ. قايسى شەھەر زادى شۇنچە رەزىل، ئۇنىڭدا پەقەت ئونلا ھەققانىي كىشى بار؟ ئەمەلىيەتتە، سودوم دەل مۇشۇنداق رەزىل بىر شەھەر ئىدى. ئىبراھىم رەب مېنىڭ ئىلتىجايىمنى ئاڭلىدى دەپ بىلىپ، ئۆيىگە قايتىدۇ.

## (9) لۇتنىڭ قۇتۇلۇشى ـ روھىي دەرسلەر ـ 19-باب

ئىبراھىم لۇتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، لۇت سودوم تەرەپتىكى زېمىندا تۇرۇشنى تاللىغاندا: «لۇت بولسا تۈزلەڭلىكتىكى شەھەرلەرنىڭ ئارىسىدا تۇردى؛ ئۇ بارا-بارا چېدىرلىرىنى سودوم شەھىرى تەرەپكە يۆتكىدى» دەپ خاتىرىلىنىدۇ (12:13). لېكىن ھازىر ئۇ شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلاشقانىدى؛ شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە جەمئىيەتنىڭ «مۆتىۋەرلىرى» ئارىسىدا بولدى؛ چۈنكى ئۇ مۆھىم ئەرباب دەپ ھېسابلىنىپ، «دەرۋازىدا ئولتۇرغانلار»دىن، يەنى شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرى بولغان. «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەن تەمسىل لۇتنىڭ ئائىلىسىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ.

پەرۋەردىگار ئىبراھىمنى يوقلىغاندا، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان ئىككى پەرىشتە كەچ كىرگەندە سودوم شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. لۇت ئۇلارغا مېھماندوستلۇق كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن خۇدا شەھەرگە چۈشۈرىدىغان بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇلۇپ قالىدۇ. لۇت شەھەرنىڭ ئەخلاق جەھەتتە چۈشكۈنلۈكىنى ئوبدان بىلگەچكە، (شۇ پەرىشتىلەرنى ئادەتتىكى ئىنسانلار دەپ بىلىپ) كوچىدا قونۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۆيىگە كىرىشكە زورلايدۇ

سودومدىكى ئەر كىشىلەر ئىككى مېھمان توغرۇلۇق خەۋەر تاپقاندا غەيرىي جىنسىي ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ ئىشىك ئالدىغا بېسىپ كېلىدۇ. شۇنداق غەيرىي ھەۋەسلەر (بەچچىۋازلىق) خۇدا ياراتقان تەرتىپكە روشەن خىلاپ ۋە تەۋراتتا ھەم ئىنجىلدا ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ («لاۋىيلار» 22:18، «رىم.» 1:26-27، «1كور.» 9:6). شۇنداق گۇناھلار تۈپەيلىدىن سودوم، گومورra ۋە ئەتراپىدىكى دەريا ۋادىسىدىكى يەنە ئۈچ شەھەر ۋەيران قىلىنغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئەزاكىيال پەيغەمبەر بىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر، تۈپ سەۋەبىنى كۆرسىتىدۇ: «مانا، مۇشۇ سىڭلىڭ سودومنىڭ قەبىھلىكى ــ ئۇ ۋە قىزلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇقى، نانلىرى مول، ئەندىشىسىز ئازادىلىك كۈنلىرىدە ئاجىز-نامراتلارنىڭ قولىنى ھېچ كۈچەيتمىگەنلىكى ئىدى» («ئەز.» 49:16). قايسى يەردە خۇدانىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئىنسانلار باياشات كۈن كەچۈرسە (ئۇلار ئۆزىنىڭ شۇ باياشاتلىقىنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى بىلسۇن، بىلمىسۇن) باياشاتلىقىنى پەقەت ئۆز ھەۋەسلىرىنى ۋە نەپسلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىپ، كەمبەغەللەرنىڭ ۋە مېيىپلارنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقمىغان بولسا، شۇنداق جەمئىيەت دائىم ھەرخىل غەيرىي ھەۋەسلەرگە چۈشۈپ، پۈتۈنلەي بۇزۇقچىلىق ۋە چۈشكۈنلۈكتە قالىدۇ. ئاندىن ئۇلار مۇشۇ يەردە خاتىرلەنگەندەك خۇدانىڭ بىۋاستە جازالىرىغا ئۇچرايدۇ؛ ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى ئىچىدىن چىرىپ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە تۈگىشىپ گۇمران بولىدۇ.

ئېنىقكى، گەرچە لۇت ناتونۇش مېھمانلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، شۇنداقلا ئۇلارغا باشپاناھ بولماقچى بولۇپ، يۈكسەك پەزىلىتىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مېھمانلارنى قوغدايمەن دەپ ئۆزىنىڭ ئىككى قىزىنى ئۇ پوخۇر شەھۋەتپەرەسلەرگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولغىنى تولىمۇ ئەخلاقسىزلىق ۋە قورقۇنچاقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شۇئان پەرىشتىلەر ئۆز سالاھىيىتى ۋە قۇدرىتىنى ئايان قىلىپ شۇ بىر توپ لۈكچەكلەرنى كور قىلىپ قويىدۇ. لېكىن شۇ چاغدا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرىمىز. كور قىلىنىپ ئۆرۈلگەن شۇ ئادەملەر رەزىل ئەمەللىرىمىز تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ جازالىرىغا ئۇچرىدۇق دەپ ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا قورقماي «دەرۋازىنى ئىزدەپ، ھالىدىن كەتتى»! بۇ ئىش بىزگە شۇنداق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇكى — ئادەملەر گۇناھقا بېرىلىپ كەتسە، ئاخىرىدا ھەتتا دوزاخنىڭ ئۆزىدە تۇرغاندىمۇ شۇ گۇناھقا تېخىمۇ ئەسىر بولۇپ

ئۈنىڭغا يەنىلا ھەۋەس قىلىدۇ، مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدۇ. مۇشۇنداق ئادەملەر تولۇق قىلىش ئىمكانىيىتىدىنمۇ ھالقىپ كېتىپ بولىدۇ.

لۇتنىڭ بولغۇسى كۈيئوغۇللىرى ئۇنىڭ «شەھەردىن چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك» دېگەن مېھىر-شەپقەتلىك ھەم جىددىي سۆزلىرىنى چاقچاق دەپ قاراپ رەت قىلىدۇ. گەرچە دەل شۇ كۈنى كېچىدە ئۆز ئۆيى بۇزۇق ئادەملەرنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئوبيېكتى بولغان بولسىمۇ ۋە مۇشۇنداق بۇزۇقچىلىق قاپلىغان يەردە تۇرۇۋەرسە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەخلاقىي خەتەردە قالىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لۇت يەنىلا ئۇ يەردىن قېچىشقا ئىككىلىنىپ قالىدۇ (16-ئايەت). مانا بۇ دەل راھەت-پاراغەت تۇرمۇشىنىڭ خەتەرلىك جايىدۇر! ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تېخىمۇ كەتكۈسى يوق ئىدى، ئۇ پەرىشتىنىڭ ئاگاھىغا قۇلاق سالماي شۇ رەزىل دۇنياغا نەپسى تارتىشىپ كەينىگە قاراپ «تۇز تۈۋرۈكى»گە ئايلىنىپ ھەممىمىزگە مەڭگۈلۈك ئاگاھ بولۇپ قالدى («لۇقا» 32:17).

بۇ بارلىق ۋەقەلەردىن كېيىن، لۇتنىڭ زوئار شەھىرىدە تۇرۇشنى خالىغىنىنى قانداق چۈشىنىمىز؟! ئۇ پەرىشتىنىڭ تاغقا قېچىپ بارغىن دېگىنىنى رەت قىلىدۇ، بەلكى خۇدا ھالاكەتكە بۇيرۇغان بەش شەھەردىن بىرىدە تۇرۇشنى خالايدۇ (17-23-ئايەت). ئۇ ئۆز ئۆيىگە ھۇجۇم قىلغان شەھەردىكى ئادەملەرگە چۈشۈرۈلگەن جازالارغا، شۇنداقلا ئۆز ئايالىغا چۈشكەن جازاغا ئۆز كۆزى بىلەن گۇۋاھچى بولغان؛ تولىمۇ روشەنكى، خۇدا ئۆزىگە رەھىم قىلىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئۆز پەرىشتىلىرىنى ئەۋەتكەن؛ لېكىن ئۇ يەنىلا تاغ باغرىدا تۇرسا خۇدانىڭ ئۆزى ۋە ئىككى قىزىنى قوغدىيالىشىدىن گۇمانلانغان! راھەت-پاغارەتكە كۆنۈپ قالغان ئادەملەرنىڭ مەنتىقسىزلىقى ۋە باھانىلىرى مانا شۇنداق بولىدۇ! ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، خۇدا ئۇنىڭ: «ئۇ كىچىك شەھەر ئەمەسمۇ؟! جېنىم شۇ يەردە ئامان قالىدۇ!» دېگەن غەيلەتلىك مەنتىقسىز ئىلتىماسىغا ئىجازەت قىلىدۇ.

ئاندىن تېخىمۇ مەنتىقسىز ئىش قىلىپ، خۇدا ئۇنىڭغا ئامان-ئېسەنلىكتىن ۋەدە قىلىپ زوئار شەھىرىنى ئاياپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ باشقا تۆت شەھەرنىڭ بەربات قىلىنغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن شۇ يەردە تۇرۇۋېرىشتىن قورقۇپ، خۇدا ئەسلىدە ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن تاغقا چىقىپ ئاشۇ يەردە تۇرىدۇ.

ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزى تاغدا تۇرغاندا ناھايىتى شەرمەندە ئىشتىن بىرى يۈز بېرىدۇ؛ يەنى، ئىككى قىزى ئۇنى مەست قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ياتىدۇ. مۇقەددەس كىتابتا مۇشۇ

ئىش ھېچقانداق يوشۇرۇن ئەمەس، بەلكى ئەينەن خاتىرىلەنگەن. بىز بۇ نومۇسسىز ئىشتىن لۇتنىڭ ئىككى قىزىنىڭ سودومدىن ئىبارەت بۇ ئەخلاقتا چۈشكۈنلەشكەن جايدىن مۇشۇنداق ئىپلاسلىقنى ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆز ئاتىسى تەرىپىدىن ئۆزى ۋە ئىككى مېھماننى قوغداش ئۈچۈن شەھۋەتپەرەس بىر توپ لۈكچەكلەرگە «قۇربانلىق قوزىلار» بولۇشقا سۇنۇلغان ئىككى قىزنىڭ شۇنداق بىر ئاتىغا شۇنداق بىھۆرمەتلىك كۆرسىتىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن ياتىدۇ. مەقسىتى ئەمەلىيەتتە شەھۋانىي ھەۋەسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىكى بىخەتەرلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى — چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېرى يوق بولۇپ، ئۇمىدى مۇشۇنداق قىلىقلىرى ئارقىلىق ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ياشانغاندا ئۆزلىرىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئىككى ئوغلىدىن بولغان ئەۋلادلىرى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن موئاب ۋە ئاممون دېگەن ئىككى مىللەت بولىدۇ؛ ئۇلار ئىسمائىلدەك ئىسرائىلغا دۈشمەنلەر بولىدۇ.

ئىبراھىم ئىئوردان تۈزلەڭلىكىگە قاراپ، شەھەرلەر كۆيۈپ ئۇلاردىن ئىس-تۈتەك ئۆرلەپ كەتكىنىنى كۆرگەندە نېمە ئويلىدىكىن تاڭ؟ خۇدا مېنىڭ دۇئايىمنى ئاڭلىمىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانمىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئەھۋال دەل ئەكسىچە ئىدى (29:19). خۇدانى شۇنىڭ ئۈچۈن مەدھىيەلەيمىزكى، ئۇنىڭ دۇئالىرىمىزغا بولغان جاۋابلىرى دەل تىلەك قىلغىنىمىزدەك جاۋابلار بىلەن توختىمايدۇ؛ ئۇ بەلكى دائىم دۇئايىمىزدىكى تۈپ مەنىنى ئاڭلاپ ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ئەۋزەل يولدا ئىجابەت قىلىدۇ!

## (10) فىلىستىيەدە تۇرۇش ـ كونا ئادەتلەرنى ئاخىرى تاشلاش؛ خۇدانىڭ باشقىلار ئۈچۈن دۇئا قىلغۇچى ئادەمگە بەرگەن جاۋابى ـ 20-باب

مۇشۇ بابتا ئىمان-ئىشەنچى كۈچلۈك ئىبراھىمدەك ئادەمدە غەلىتە بىر ئىچكى داۋالغۇشنى بايقايمىز — يەنە بىر قېتىم ياقا يۇرتقا كەلگەندە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇ يەنىلا سارانىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق يالغان گەپ ئېيتىدۇ. ئېنىقكى، بۇ ئىبراھىمنىڭ يامان قىلىقى «كونا ئادىتى» ئىدى، مىسىردا تۇرغان ۋاقتىدا شۇ ئىشتىن تولۇق تۇۋا قىلمىغاچقا، بۇ يامان ئادەت ئۇنىڭدا بىر تەرەپ قىلىنمىغان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئۇنى گەرارادا مىسىردىكى ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋالغا ئۇچراشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛

ئىبراھىم قايتىدىن ئۆزىنىڭ شۇ قىلىقىغا يۈزلىنىشكە مەجبۇرلانغاندا، يالغانچىلىقتىن پاناھ ئىزدەشتىن ئاخىرىدا تولۇق قىلىشى بىلەن ئازاد بولىدۇ.

مىسىردا يۈز بەرگەندەك، يەرلىك پادىشاھ ئابىمەلەك سارانىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ (يەنە مىسىرنىڭ پادىشاھىدەك) سارانى ئىبراھىمغا قايتۇرۇپ بەرگۈچە خېلى ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايدۇ. خۇدا ئابىمەلەككە ئىبراھىم پەيغەمبەردۇر، دېگەن؛ لېكىن شۇ پاكىتتىن ئېنىقكى، پەيغەمبەرلەر ھەممىلا ئىشنى بىلىپ كەتمەيدۇ! چۈنكى ئىبراھىم ئەسلىدە گەرارda ھېچكىم خۇدادىن قورقمايدۇ، دەپ ئويلىغان؛ ئەمەلىيەتتە ئەھۋال دەل ئەكسىچە ئىدى، ئابىمەلەك خۇدادىن خېلى قورقاتتى (6:20). يەنە بىر ئىش ئېنىقكى، ئابىمەلەك سارانى ئالغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگۈچە خېلى ۋاقىت كېتىدۇ؛ چۈنكى سارانىڭ سەۋەبىدىن بىرخىل كېسەللىك گەرارىدىكى ئاياللارغا تارقىلىدۇ، ۋە شۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. يەنە ئېنىقكى، خۇدا ئىبراھىمنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا خېلى ئەنسىرەش ۋە غەم-غۇسسە قىلىشىغا يول قويىدى!

پەرزەنت كۆرۈش ئىبراھىم ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇ قىلغان ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە. بىراق شۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇ ئارزۇ قىلغىنىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئابىمەلەكنىڭ ئاياللىرى ۋە گەرارىدىكى ئاياللار ئۈچۈن تىلىشى كېرەك ئىدى. شۈبھىسىزكى، شۇنداق دۇئا قىلىش كېرەكلىكى ئۆز قەلبىگە سىناق بولدى. ئاندىن بۇ ئىشتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سارا ئۆزى ھامىلدار بولىدۇ (1:21).

## (11) ھەجەر ۋە ئىسمائىلنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ كېتىشى - «روھ» ۋە «ئەت» - 21-باب

ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدە بولغان ئارامسىزلىق ئىبراھىم ئىسھاقنى ئەمچەكتىن ئايرىش تەبرىكلەش زىياپىتىنى ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئىسمائىل ئىسھاقنى مازاق قىلىدۇ (شۇ چاغدا ئىسھاق پەقەت ئۈچ ياشقا كىرگەن بولسا كېرەك). «مازاق قىلىش» دېگەن سۆزنىڭ يەنە «بوزەك قىلىش» دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. سارا بۇ ئىشلارنى كۆرگەندە، ئىسمائىلنىڭ شۇ پوزىتسىيىسىدىن ئۆز ئوغلىنىڭ جېنىغا تەھدىت بار دەپ چۈشىنىپ، ئىبراھىمنى ئىسمائىل ۋە ئانىسىنى ئۆيىدىن ھەيدەشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئېلگىرى، ئىبراھىم خۇدادىن ھېچ يول سورىماي ۋە

خۇدانىڭ ئۆزىگە بولغان ۋەدىسىنى ئېسىدە تۇتماي، ئايالىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچقا، چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنىدى. لېكىن خۇدا ھازىر ئۇنىڭغا ئايالىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغىن، ئۇنىڭدا مەقسەتلىرىم بار دەپ بۇيرۇيدۇ. ئىبراھىم كۆزى قىيمىغان ھالدا ئەمما خۇدا ئىسمائىل ئۈچۈن قىلغان دۇئالىرىمنى ئاڭلىدى دەپ بىلىپ (20:17)، ئۇ ھەجەر بىلەن ئىسمائىلنى بىرئاز يول تەييارلىقى بىلەن يولغا سالىدۇ (كېيىن ئۇ ئىسمائىلغا كۆپرەك تەمىنات-سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىدۇ — 6:25نى كۆرۈڭ).

بۇنداق مۇئامىلە قاتتىق قوللۇقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئىبراھىمنىڭ بۇ توغرۇلۇق بولغان ئىشەنچى توغرا چىقىدۇ ـــ خۇدا دەرۋەقە ھەجەر ۋە ئىسمائىلدىن خەۋەر ئالىدۇ. لېكىن بۇ ئىشتا خۇدا ھەجەرنىڭ ئىمان-ئىشەنچىنى سىنىماي قويمايدۇ. ھەجەر يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇ بەلكىم يۇرتۇم مىسىرغا قايتايمۇ، قايتمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالىدۇ (بەئەر-شېبا مىسىرغا ماڭىدىغان يول ئۈستىدە). تۇلۇمدىكى سۇ تۈگەپ قالغاچقا، ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ بىرىنچى قېتىم چۆل-باياۋاندا ئېزىپ قېلىپ، مېنى ھەممە ئادەم ئۇنتۇدى، پۈتۈنلەي تۈگەشتىم دېگەن چاغدا خۇدانىڭ ئۆزىگە: «ئىسمائىلنى ئۇلۇغ بىر ئەل قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسىنى ئېسىدىن چىقارغان ياكى ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن (11-7:16). ئۇ ھازىر پەقەت مەنلا ئەمەس، ئىسمائىلمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن يىغلايدۇ. خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: «خۇدا ئوغۇلنىڭ يىغا ئاۋازىنى ياتقان يېرىدىن ئاڭلىدى» دەيدۇ. خۇدا ئۇنىڭكىنى ئەمەس، ئىسمائىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، مۇشۇ سۆزلەردە ھەجەرنىڭ ئىشەنمەسلىكىگە سەممىي بىر تەنبىھ باردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ يېنىدا بۇلاق بار ئىدى، لېكىن خۇدا ھەجەرنىڭ كۆزلىرىنى ئۇنى كۆرۈشتىن قالدۇرغان (19-ئايەت). خۇدانىڭ پەرىشتىسى قايتىدىن ئىسمائىل توغرۇلۇق ئۇنىڭغا «مەن ئۇنى ئۇلۇغ بىر ئەل-مىللەت قىلىمەن» دەيدۇ. خۇدانىڭ ئالدىدا «ئۇلۇغ» دېگەن سۆز پەقەت سانى، بايلىقلىرى ياكى كۈچ-ھوقۇقى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىن، ئەمەللەر ۋە ئېتىقاد جەھەتتىنمۇ بولۇشى كېرەك، شۇڭا كەلگۈسىدە ئەرەب خەلقى ئاخىرقى زاماندا مەسىھنى تونۇپ ئۇنىڭ نىجاتىنى جاكارلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، دەپ قارايمىز.

ئىسمائىل ۋە ئانىسى بۇلاقتىن سۇ ئىچكەندىن كېيىن، «خۇدا ئۇنىڭ (ئىسمائىل) بىلەن بىللە» دەپ ئوقۇيمىز. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا ئىسمائىلنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئىسھاقتىن بولغان نەسلىگە ياكى ئىسرائىل خەلقىگە دۈشمەن

بولغانلىقىغا ئىشەنمەيمىز؛ لېكىن ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەرەبلەردىن كۆپ ئادەملەر بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە ئىسرائىلغا دۈشمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، قايتىلايمىزكى، ئەرەبلەردىن كۆپ ئادەملەر كېيىن مەسىھگە ئىشىنىپ، مۇشۇ پوزىتسىيىسىدىن توۋا قىلدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

بۇ ۋەقەلەر يەنە «گال.» 4:21-31دە تەمسىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

## (12) ئىبراھىم ۋە ئىسھاقنىڭ ئىمان-ئېتىقادىنىڭ سىنىلىشى ـ ئىسھاقنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىگە قويۇشى ـ 22-باب

ئىسمائىل كېتىپ، ئون نەچچە ياكى يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئىسھاق چوپچوڭلا بىر يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ «بىردىنبىر يىگانە ئوغلى» (2-ئايەت) بولۇپلا قالماي، بەلكى شۇنچە كۆپ يىل ئۆتۈپ ئاتا قىلىنغىنى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ قانچىلىك ئامراق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن خۇدا ئىبراھىمنى: «سەن ئوغلۇڭنى، يەنى سەن سۆيىدىغان يالغۇز ئوغلۇڭ ئىسھاقنى ئېلىپ، موريا يۇرتىغا بېرىپ، شۇ يەردە، مەن ساڭا ئېيتىدىغان تاغلارنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنغىن» دەپ چاقىرغاندا ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىككىلىنىش، تالاش-تارتىش، ئاغرىنىش ياكى ياڭۇرۇپ ئۆتۈنۈش بولمىدى. ئۇ خۇداغا: «مانا مەن!» دېگەن جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىدە ئىتائەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش بولمىدى. ئىبراھىمنىڭ شۇنداق ئىخلاسمەن ئىنكاسىدىن شۇنى ئېيتالايمىزكى، خۇدا ئىبراھىمغا ئېيتقاندەك «سەن مېنىڭ ئالدىمدا مېڭىپ، كامىل بولغىن» دېگەن ئەمرنى بىزگە ئېيتقان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ھەممىگە قادىر بولغاچقا، ئىبراھىمدا ھاسىل قىلغىنىدەك ئوخشاش ئىتائەتمەن ھەم ئۆزىگە تولۇق تايانغان بىر قەلبنى بىزدىمۇ ھاسىل قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمدى رەب ئەيسا مەسىھ دەرۋەقە بىزگىمۇ ئوخشاش يولدا: «ئەرشتىكى ئاتاڭلار مۇكەممەل بولغىنىدەك، سىلەرمۇ مۇكەممەل بولۇڭلار» دەپ بۇيرۇيدۇ («مات.» 5:48). بىز خۇدانى تولىمۇ مۇكەممەل، شۇنداقلا ئۇنى ئۆز ئاتىمىز دەپ بىلسەك، ئۇنداقتا شۇنداق ئەمرگە ئەمەل قىلىش مۇمكىن بولىدۇ، دەپ قەتئىي ئىشىنىمىز.

ئىبراھىم ئىسھاقنى «قۇربانلىق قىلىش»قا «مانا مەن!» دەپ جاۋاب بېرىش بىلەن تەڭ كۆڭلىدە: گەرچە ئىسھاقنى سويۇپ «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» قىلساممۇ خۇدا ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرمەي قالمايدۇ» دېگەندەك ئىشەنچ بارلىقنى بايقايمىز. چۈنكى ئۇ يىگىتلىرىگە: «سىلەر ئېشەك بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن بالام بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ، سەجدە قىلىپ، ئاندىن قېشىڭلارغا يېنىپ كېلىمىز» دەيدۇ (5-ئايەت).

خۇدا ئەلۋەتتە ھەرگىز ئۆزى ياراتقان جان ئىگىلىرىدىن ئۆزىنىڭ پەزىلەتلىرىگە مۇۋاپىق بولمىغان تەلەپنى قىلمايدۇ، دەپ ئىشىنىمىز. شۇنىڭدەك، تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى ۋەھىيلەرگە ئاساسەن يەنە شۇنى بايان قىلىمىزكى، خۇدا ئۆزى قىلىپ باقمىغان ياكى ئۆزى خالىمايدىغان ئىشنىمۇ ھەرگىز ياراتقان جان ئىگىلىرىدىن تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا مۇشۇ يەردە ئىبراھىم ئۆز ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا چاقىرىلدى؛ خۇدا ئۆزى شۇنداق ئىش قىلىپ باققانمۇ؟ ئىنجىلغا ئاساسەن جاۋابىمىز، «قىلغان!» ئەلۋەتتە. لېكىن ئىبراھىمغا ئاخىردا شۇ ئىشنى تولۇق ئادا قىلىش (گەرچە قەلبىدە ئۇ شۇنداق قىلىشقا تەييار تۇرغان بولسىمۇ) ھاجەت بولمىدى؛ لېكىن خۇدا ئەمەلىيەتتە دەل شۇ ئىشنى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. خۇدا بۇ ئىشنى قىلغان يەر بولسا دەل ئىبراھىم ئىسھاقنى ئېلىپ بارغان جاي بولۇپ، يەنى دەل مورىيا تېغى ئىدى. كېيىن سۇلايمان پەيغەمبەر يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى شۇ تاغدا قۇردى («2تار.» 1:3)؛ ئەيسا مەسىھ ئىبادەتخانا قۇرۇلغان تاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كرېستلەندى

مۇقەددەس ئىنجىلدىن، مەسىھنىڭ قۇربانلىق بولۇشى ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئۆلۈمى بىلۇپلا قالماي، يەنە گۇناھلىرىمىزنى ئۆزىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ مۇقەددەس ھۇزۇرىدىن «ئۈزۈلۈش»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ بىلىمىز («زەب.» 1:22، «مات.» 46:27)؛ ئاندىن ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن تىرىلدى

ئىبراھىم «ئوت ۋە پىچاق» كۆتۈرگەندەك (6-ئايەت)، مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ئاتا تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلدى؛ «ياغاچ» بولسا ئوغلىغا يۈدۈپ قويۇلغان (6-ئايەت) ئاندىن ئوغۇل ياغاچقا «باغلانغان» (9-ئايەت). ئىسھاق ئاتىسىدىن «كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدىغان قوزا قېنى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭغا: «ئەي ئوغلۇم، خۇدا ئۆزى ئۆزىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قوزىنى تەمىنلەيدۇ» دەپ ئېيتىلىدۇ. بۇ بايانىنى «خۇدا ئۆزى ئۆزى ئۈچۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىق قوزىنى تەمىنلەيدۇ» ياكى «خۇدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قوزا ئۈچۈن ئۆزىنى تەمىنلەيدۇ» دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. خۇدا

ئىسھاقنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق تەمىنلىگەندە ئۇ قوزا ئەمەس، بەلكى قوچقار تەمىنلەيدۇ. ئىبراھىم پەيغەمبەر بولغاچقا، ئۇنىڭ «قوزا» توغرۇلۇق سۆزلىرى چوقۇم مۇتلەق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، شۇڭا «قوچقار»نى بۇ سۆزلىرىنىڭ دەل ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى، دەپ قارىمايمىز. دېمەك، «قوزا» تېخى كەلمىدى. بىر مىڭ سەككىز يۈز يىل كېيىن چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا پەيغەمبەر رەب ئەيسا كەلگەندە ئۇ توغرۇلۇق: «مانا، پۇتكۇل دۇنيانىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلايدىغان خۇدانىڭ قوزىسى!» دېگەن خەۋەرنى جاكارلايدۇ («يۇھ.» 29:1). شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئىسھاقنى «قۇربانلىق قىلىش»ىدا پەقەت خۇداغا ئېتىقاد، ئىمان-ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت باغلاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ۋە ئىسھاقنىڭ شەخسەن ئەمەللىرىدە تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش، يەنى مەسىھنىڭ كرېستتە قۇربانلىق قىلىنىشىنى نامايان قىلىدۇ.

«مانا، ... مۈڭگۈزلىرى چاتقالغا چىرمىشىپ قالغان بىر قوچقار!».

شۇنداق بىر قوچقارنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ، شۇنىڭدەك، قوچقارنىڭ پەقەت مۈڭگۈزلىرىلا چاتقالغا چىرمىشىپ، تېنىنىڭ باشقا جايلىرى زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماي، قۇربانلىققا لايىق بولۇشى ئىنتايىن كارامەت ئىش ئىدى. شۇڭا: «كىشىلەر: «پەرۋەردىگارنىڭ تېغىدا تەمىنلىنىدۇ» دېگەن بۇ سۆز بۈگۈنگە قەدەر ئېيتىلىپ كېلىۋاتىدۇ» دېيىلىدۇ. بىز بار-يوقىمىزنىڭ ھەممىسىنى خۇداغا تاپشۇرغانىكەنمىز، ئۇ بىزگە كېرەك بولغاننى مولچىلىق بىلەن تۆكىدۇ، دەپ جەزم قىلالايمىز؛ سېخىلىق جەھەتتە بارلىق سوۋغات بەرگۈچىلەر ئىچىدە سېخى بەرگۈچى بولغان خۇدادىن ھېچكىم ئېشىپ كېتەلمەيدۇ!

## (13) سارا ھنىڭ ئۆلۈمى ـ 23-باب

مۇقەددەس يازمىلارنىڭ بۇ قىسمىدا سەل غەلىتە بىر پاكىت بايقىلىدۇ. 2-ئايەتتە سارا ھ ئۆلگەندىن كېيىن «ئىبراھىم بېرىپ سارا ھ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغا-زار قىلدى» دەپ ئوقۇيمىز. بۇ باياندىن ئىبراھىمنىڭ شۇ چاغدا ئايالىدىن ئايرىم تۇرغانلىقى كۆرۈنىدۇ. قەدىمكى يەھۇدىي «رابىي»لار (ئۆلىمالار) ئىبراھىمنىڭ ئىسھاقنى سارا ھنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كېتىپ ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا تەييار بولغانلىقى سارا ھ ئۈچۈن چىدىغۇسىز

ئىش بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ رەنجىپ ئايرىلىپ كەتكەن، دەپ قارايتتى. بەزىلەر ھەتتا ساراھ ئۆزىنىڭ ئاجراشقان، دەپ قارايتتى. بىز بۇنداق كۆزقاراشلار ئورۇنلۇق دەپ قارايمىز؛ بۇنداق ئىش بولمىغان بولسا، قانداقمۇ 2-ئايەتتىكى باياننى چۈشەندۈرەلەيمىز؟

ئەھۋال دەرۋەقە شۇنداق بولغان بولسا، ئۇنداقتا 22-باب، 23-باب ۋە 24-بابتىكى بارلىق ئىش-ۋەقەلەر تۆۋەندىكى ئاجايىب بىرخىل بېشارەتلىك سىلىشتۇرمىغا چۈشىدۇ: —

| «يارىتىلىش» (تەۋرات دەۋرى) | ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى (ئىنجىل دەۋرى) |
|---|---|
| 22-باب: ئىبراھىم ئىسھاقنى موريا تېغىدا قۇربانلىق قىلىدۇ | ئاتا ئوغۇلنى موريا تېغىدا «قۇربانلىق قىلىدۇ» |
| بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىسھاق «تىرىلىدۇ» | ئوغۇل ھەقىقەتەن ئۆلۈمدىن تىرىلىدۇ |
| 23-باب: ساراھ «ئوغۇلنىڭ ئۆلۈمى» تۈپەيلىدىن (ئېتىقادسىزلىق قىلىپ) ئىبراھىمدىن ئايرىلىدۇ | ئىسرائىل («خۇدانىڭ ئايالى») («يەشايا 1:50، 6:54، «ئەزاكىيال 16-بابنى كۆرۈڭ) «ئوغۇلنىڭ ئۆلۈمى» تۈپەيلىدىن (ئېتىقادسىزلىق قىلىپ) خۇدادىن ئايرىلىدۇ |
| 24-باب: « ئىبراھىم قۇلىنى ئوغلى ئۈچۈن قىز تېپىشقا يىراق يۇرتقا ئەۋەتىدۇ | ئاتا قۇلى (مۇقەددەس روھ)نى ئوغلى ئۈچۈن يات ئەللىكلەردىن قىز (جامائەت) تېپىشقا ئەۋەتىدۇ |

بىز تۆۋەندە 24-بابتىكى تېما توغرۇلۇق توختىلىمىز.

مۇشۇ يەردە 23-بابتىكى يەنە بىر ئىش توغرۇلۇق پەقەت بىر ئېغىز سۆزىمىز بار: — گەرچە خۇدا ئىبراھىمغا «پۈتكۈل قانائان زېمىنىنى ساڭا تەقدىم قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەر يۈزىدە تۇرغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ زېمىندىن بىردىنبىر ئىگىلىگەن يېرى پەقەت ساراھنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئۆزى پۇل تۆلەپ سېتىۋالغان كىچىككىنە بىر پارچە يەرلىك ئىدى. لېكىن تىرىلىش كۈنىدە بۇنىڭ ھەممىسى (دېمەك، قانائان زېمىنى)

ئۇنىڭكى بولىدۇ، ئەلۋەتتە («مار.» 26:12). شۇ ئىشلاردىن ئىبراھىمنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر پرىنسىپنى كۆرىمىزكى، خۇدادىن بىۋاستە بىر ئەمر كەلمىسە، ئۇ ۋەدە قىلىنغان زېمىندىن ھېچبىر يەرنى ئۇرۇش يولى بىلەن تارتىۋالمايتتى؛ يۇقىرىدا 23-باب ئۈستىدە توختالغىنىمىزدەك، ئۇ بىزگە مۆمىن-كەمتەرلىكتىن چوڭ بىر ئۈلگە قالدۇرغان. شۇ يەرنىڭ ئىگىسى ئىبراھىمنىڭ پۇلىغا كۆزى قىزارغىنىنى چاندۇرمايمەن دەپ (15-ئايەت) «تۆت يۈز شەكەل كۈمۈش»نىڭ كارى چاغلىق دەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق يەرگە ناھايىتى يۇقىرى باھا قويىدۇ، شۇنداقلا ئىبراھىمنى: «يۈزۈمنى ساقلىشىم كېرەك» دەپ قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىم شۇ يەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاچقا نېمىنى سورىسام، شۇنى بەرمەي ئامالى يوق، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئىبراھىم دەرۋەقە تالاشمايدۇ؛ بۇ ئۇنىڭ ئاجىز بولغىنىدىن ئەمەس، بەلكى مۆمىن-كەمتەرلىكىدىن بولغان. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى چوڭدۇر.

## (14) «ئوغۇل ئۈچۈن قىز تېپىش» ـ 24-باب

24-باب ئىبراھىمنىڭ ئىسھاققا قىز تېپىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سادىق نامسىز قۇلىنى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئاجايىب بىر خاتىرىدۇر. قۇلنىڭ نامسىزلىقىنىڭ ئۆزى مۇقەددەس روھنىڭ ئىنجىل دەۋرىدىكى ئاجايىب خىزمىتىنى كۆرسەتكەن كارامەت بىر «بېشارەتلىك رەسىم»دۇر. رەببىمىز مۇقەددەس روھ توغرۇلۇق تەلىم بەرگەندە «لېكىن ئۇ، يەنى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە سىلەرنى بارلىق ھەقىقەتكە باشلاپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمەيدۇ، بەلكى نېمىنى ئاڭلىغان بولسا، شۇنى سۆزلەيدۇ ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ» دەيدۇ («يۇھاننا» 16-باب).

ئىبراھىمنىڭ قۇلى ئۆز نامىنى دەپ بەرمەيدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ھېچقانداق سالاھىيەت ياكى تونۇلۇشنى ئىزدىمەيدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى خوجىسى ئۆزىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى؛ ئۇ ھەتتا ئۆز مەقسىتىنى ئېيتمىغۇچە، مېھماندارچىلىقنىڭ ئەقەللىي ئەدەپ-رەسمىيەتلىرىگىمۇ رىئايە قىلمايدۇ (33:24). قۇلنىڭ بۇ ئىشلىرى مۇقەددەس روھنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئوغۇل (مەسىھ) ئۈچۈن جامائەتنى يىغىپ، ئوغۇلنىڭ يېنىغا، ئەرشكە ئېلىپ بېرىشقا كەلگەنلىكىگە كامىل بىر بېشارەتلىك رەسىمدۇر

(«جامائەت» سادىق ياتلىق قىلىنغان قىزغا ئوخشىتىلىدۇ ــ «ۋەھ.» 2:21، 9، 17:22، «ئەف.» 5:22-32). قۇل بولسا ئۆز ئىگىسىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ۋە سەممىيلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ مۇقەددەس روھ بىزگە مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ، خۇدانىڭ بارلىق بايلىقلىرىغا ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، نۇرغۇن مۆجىزىلىك روھىي سوۋغاتلارنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ («1كور.» 1:4-8).

## «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى» «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى» قاتارلىق ئىبارىلەر (8.25)

«ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن باشقا ئىبارىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

## ئىسھاق ــ مەسىھنىڭ «ئوغۇل»لۇق سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدىغان بېشارەتلىك رەسىمدۇر

كىتابتا ئىسھاق توغرۇلۇق بايانلار ياكى تارىخلار ئانچە كۆرۈنەرلىك ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا پەقەت ئاتىسىنىڭ قىلغانلىرىنى قايتىلايدۇ (18:26)؛ ئۇ ئايالىنىڭ تۇغماسلىقىدا ئاتىسى ئۇچرىغان ئوخشاش سىناقنا ئۇچرايدۇ (20:25-21). ئۇ ھەتتا ئاتىسىنىڭ گۇناھىنى قايتىلايدۇ! (6:26-12) شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆپ جەھەتلەردە مەسىھنىڭ «ئوغۇل»لۇق سالاھىيىتىگە بېشارەتلىك سۈرەت بولىدۇ ــ بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇكەممەل ئوغۇلدەك ئاتىسىغا تا ئۆلۈمگىچە بويسۇنغانلىقىدا ــ «ئوغۇل ئۆزلۈكىدىن ھېچنېمە قىلالمايدۇ، بەلكى پەقەت ئاتىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن شۇ ئىشنى قىلىدۇ. ئاتا نېمە ئىش قىلسا، ئوغۇل ھەم شۇنداق قىلىدۇ» («يۇھ.» 19:5-20).

## ئىسھاق، رىۋكاھ، ياقۇپ، ئەساۋ - «تۇنجىلىق ھوقۇقى» («تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇق») ۋە ئىسھاقنىڭ «بەخت-بەرىكەت تىلەيدىغان خەيرلىك دۇئاسى»

ياقۇپ دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىلىرىدىن بىرى «ئورۇن ئىگىلىگۈچى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ دەرۋەقە ئىككى قېتىم ئاكىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالىدۇ. ئۇ ھەم «تۇنجىلىق ھوقۇقى» («تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇق») ھەم ئاتىسى ئىسھاق ئاكىسى ئەساۋغا قىلماقچى بولغان «بەخت-بەرىكەت تىلەيدىغان خەيرلىك دۇئا»نى ئېلىپ كېتىدۇ.

«تۇنجىلىق ھوقۇق» دېگەن نېمە؟ ئالىملار بۇ توغرۇلۇق بىرنەچچە پىكىردە بولۇپ كەلگەن، لېكىن ئاز دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى ئىشلار ئۇنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان بولسا كېرەك: —

(ئا) تۇنجى ئوغۇل دائىم خۇداغا ئالاھىدە ئاتىلاتتى («مىس.» 29:22).

(ئە) تۇنجى ئوغۇل ئىززەت-ھۆرمەتتە دائىم ئاتا-ئانىسىغا ئەڭ يېقىن ئورۇندا تۇراتتى («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 3:49).

(ب) ئاتىسىنىڭ مال-مۈلكىدىن باشقا ئوغۇللىرىدىن بىر ئۈلۈش كۆپ ئالاتتى («قان.» 17:21). (بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئاتىسى دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن تۇنجى ئوغۇلنىڭ پۈتكۈل جەمەتتىكى ئاجىزلار، تۇل خوتۇنلار، يېتىم-يېسىرلەردىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى ــ تۆۋەندىكى ئىشنى كۆرۈڭ).

(پ) تۇنجى ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ئائىلىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى ياكى پادىشاھلىقىنىڭ ئورنىنى باساتتى («2تار.» 3:21).

(ت) ھارۇن جەمەتىدىكىلەر كاھىن بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، تۇنجى ئوغۇل ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن كاھىنلىق رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى (مەسىلەن، «ئايۇپ» 5:1نى كۆرۈڭ).

(چ) ھالبۇكى، ئەساۋغا تۇنجى ئوغۇل سالاھىيىتى تۈپەيلىدىن كېلىدىغان «تۇنجىلىق ھوقۇق»ى يەنە خېلى مۇھىم ۋە ئۇلۇغ بىر ئىشنى، يەنى خۇدانىڭ بىرىنچىدىن ئىبراھىمغا، ئاندىن ئەۋلادلىرىغا قىلغان روھىي ۋەدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىبراھىمنىڭ بىرىنچى ئەۋلادى ئىسھاق ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇ ۋەدىلەردە تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىل بار ئىدى: (ئا) ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پۈتكۈل پەلەستىن (قانائان) زېمىنىغا مىراسلىق قىلىشى؛ (ئە) ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى ئارقىلىق بەخت-بەرىكەت پۈتكۈل دۇنياغا كېلىشى (12:1-3)؛ (ب) مەزكۇر «بەخت-بەرىكەت»نى «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 15:3دىكى بېشارەتتىكى يورۇقلۇقتا تۇرۇپ چۈشەنسەك كىمدە «تۇنجىلىق ھوقۇق» بار بولسا، مەسىھ شۇ كىشى ئارقىلىق تۇغۇلۇپ دۇنياغا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۇنجىلىق ھوقۇق»نىڭ ئەڭ مۇھىم

قىسمى ئىسھاق ئىگە بولغان مال-مۈلۈك ئەمەس (گەرچە بۇ مال-مۈلۈك ئاز بولمىسىمۇ — 26:12-14نى كۆرۈڭ)، بەلكى خۇدانىڭ كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ۋەدىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئەساۋ ئۆزىگە نىسبەتەن نامەلۇم كەلگۈسىنى خالىماي ياكى ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، بەلكى «كۆز ئالدىدىكى ئەينىيەت»نى تاللىۋېلىپ، ياقۇپنىڭ سۇنغان پۇرچاق شورپىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى «تۇنجىلىق ھوقۇق» بىلەن تېگىشىۋېتىدۇ؛ ئۇ شۇ يول بىلەن «تۇنجىلىق ھوقۇق»نى كۆزىگە ئىلمايدۇ (34:25، «ئىبر.» 16:12-17). ياقۇپ ئېتىقادلىق ئادەم بولغاچقا، «تۇنجىلىق ھوقۇقى»نى بەك ئەزىزلەيدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇ ئەساۋنىڭ ئاجىزلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، شۇ ھىيلىنى ئىشلىتىپ ئۇنى قولىغا كىرگۈزىدۇ.

ياقۇپ ۋە ئەساۋ تېخى تۇغۇلمىغاندا خۇدا رىۋكاھقا «سېنىڭ قورسىقىڭدا ئىككى ئەل باردۇر، ئىچىڭدىن ئىككى خەلق چىقىپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ، بىر خەلق يەنە بىر خەلقتىن غالىب كېلىدۇ، چوڭى كىچىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ» دەپ گەپ قىلغان، ئەلۋەتتە. شۇ گەپتە ھېچقانداق گۇمان يوقكى، خۇدانىڭ ئىرادىسى ياقۇپنىڭ تۇنجىلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىدىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن خۇدا بىر نىيمىنى ۋەدە قىلغان بولسا، شۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھىيلىگەرلىك ياكى ئالدامچىلىق ئىشلىتىش ھەرگىز كېرەك بولمايدۇ. روشەنكى، ياقۇپ بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيتتى؛ «تۇنجىلىق ھوقۇقى»غا باغلىنغان ئىشەنچ ئاخىرىدا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن تونۇلۇپ تەرىپلىنىدۇ؛ ئەمما، ئۇ خۇدانىڭ تەربىيىلىك جازالىرى بىلەن ئاۋۋال ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقنىڭ خۇداغا بولغان ئىخلاسلىق يولىدىن ئىنتايىن يىراق تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي يىرگىنچلىكىنى ئۆگىنىشى كېرەك بولىدۇ!

ياقۇپنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھىيلە-مىكىر قىلىشى بىلەن «تۇنجىلىق ھوقۇقى»نى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ خەيرلىك دۇئاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆچلۈك بىر ھىيلە ئەگىشىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشنى ئۇ ئانىسىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن قىلغان، ئەلۋەتتە؛ ئانىسى «ئەي ئوغلۇم، ساڭا چۈشىدىغان لەنەت ماڭا چۈشسۇن» دېگەن.

شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ ئاكىسىنىڭ نامىنى سېتىپ كۆزى ئىنتايىن ئاجىز بولغان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. ئاتىسى پەقەت سىلاش ۋە ئاۋازنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئالدىدا تۇرغانىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى. ئىسھاق ئالدىنىپ ياقۇپ ئۈچۈن ئالاھىدە خەيرلىق دۇئاسى بىلەن ئۇنىڭغا بەخت-بەرىكەت تىلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ؛ ئاندىن ياقۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەساۋ قايتىپ كەلگەندە، يالغانچىلىق ئاشكارىلىنىدۇ؛

ئىسھاق ياقۇپنىڭ ئۆزىنى ئالدىغىنىنى بىلىپ، قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشىدۇ؛ لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ياقۇپ ئۈچۈن بەخت-بەرىكەت تىلىگەن بېشارەتلىك دۇئاسىنى خۇدا ھەممە ئىشنى باشقۇرۇشى بىلەن مېنىڭ ئاغزىمدىن چىقارغان، دەپ بىلىدۇ. ھازىر ئۆزى خالىسىمۇ شۇ تىلىگەن بەخت-بەرىكەت دۇئالىرىنى ياندۇرۇۋالالمايتتى (33-ئايەت).

مۇشۇ ئىش-ۋەقەلەردىن ئۈچ ئەھۋالنى بايقىيالايمىز: — بىرىنچىدىن، ئىسھاق ئەساۋغا يان بېسىشى بىلەن خۇدانىڭ ياقۇپ توغرۇلۇق رۇئاكاھقا: «چوڭى كىچىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ» دەپ ئېيتقان بېشارىتىگە قۇلاقلىرىنى يوپۇردى. روشەنكى، ئۇ خۇدانىڭ شۇ بېشارىتىنى ئېتىۋارغا ئالماي، «تۇنجىلىق ھوقۇقى»غا تەۋە بولغان بەخت-بەرىكەت تىلەشلىرىنى ياقۇپقا ئەمەس، بەلكى ئەساۋغا بېغىشلىماقچى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، بەزىلەر مۇشۇ بايانلاردىن ياقۇپنى ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىدىغان، قولىقى يۇمشاق ئايال مىجەزلىك، ئۆيدىن چىقمايدىغان ئادەم، ئەساۋ بولسا «باتۇر-ئەزىمەت» دەپ قارايدۇ. ئەمما باشقا يەرلەردىن ياقۇپنىڭ جاپادىن قورقمايدىغان ۋە تىرىشچان پادىچى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرىدۇ (29:7-10نى كۆرۈڭ)؛ ئۇ پەقەت ئۆز ئۆۋلاشنى ياخشى كۆرمەي، ئائىلىسىنىڭ چېدىرگاھىنىڭ ئەتراپىدا پادا بېقىشنى ياخشى كۆرەتتى، خالاس (25:27)؛ ئەساۋ ئوۋغا چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۈچىنچىدىن، ئەگەر ياقۇپ خۇدانىڭ يوللىرىنى، خۇدانىڭ ئۆز سۆزىدە تۇرماي قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن بولسا، شۇنداقلا پۈتۈنلەي خۇداغا تايانغان بولسا، ئۇنداقتا ھېچ ئالدامچىلىق ئىشلەتمەي تۇنجى ئوغۇلغا تەۋە بولغان ھوقۇق ۋە تېگىشلىك بەخت-بەرىكەتلەر بەربىر ئۇنىڭكى قىلىناتتى، دەپ مۇتلەق ئىشىنىمىز. ئەمما ھەركىمنىڭ خۇداغا تايانماي، ئىنسانىي ئاماللىرىغا تايىنىشىنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش يولىدا دائىم ئايان بولىدىغان شان-شەرەپكە گۇۋاھچى بولۇش پۇرسىتىگە ھەرگىز مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

ئەمما ياقۇپ ئۈچۈن ئالدامچىلىقنىڭ بىرىنچى نەتىجىسى بەخت-بەرىكەت ئەمەس، بەلكى ئۆي-يۇرتىدىن قېچىپ ئايرىلىش ئىدى. قاچقاندا خۇدا ئۇنىڭغا شاپائەت كۆرسىتىپ چۈشىدە كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىدۇ. ياقۇپ تولۇق ئىشەنمىگەچكە: «ئەگەر سەن راست ماڭا مۇشۇنداق باشپاناھ بولساڭ (خۇدا ئاللىقاچان شۇنداق ۋەدە قىلغان!)، ئۇنداقتا مەن بولسام... ئۇنداق-مۇنداق قىلىمەن» دېگەندەك ئىشەنچسىز بىرخىل قەسەمنى ئىچىدۇ.

خۇدا ئۇنىڭ ئالدامچى ماھىيىتىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاغىسى لاباننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدۇ. لابان ياقۇپتىن تېخىمۇ ھىلىگەر ۋە قۇۋ بىر شەخس ئىدى. شۇنداق يول بىلەن خۇدا شاپائەت قىلىپ، بىزنى كۆپ قېتىم ئۆزىمىزنىڭ ئاچچىق مېۋىسىنى تېتىشقا مەجبۇرلايدۇ، شۇنداقلا بىزگە توۋا قىلىش پۇرسىتىنى يەتكۈزىدۇ. ياقۇپ ئۈچۈن بۇ جەريان ئىنتايىن ئۇزۇن ۋە ئاچچىق بولدى؛ بۇ جەريان ئاخىر بىرىپ يىگىرمە يىل داۋاملاشتى. خۇدا نېمە قىلسا شۇنى ئىزچىل، ئۇزۇل-كېسىل قىلىدۇ!

ياقۇپنىڭ ئىككى ئايالىق بولۇشىغا كەلسەك، بۇ ئىش يا ئۆزىنىڭ يا ئۇلارنىڭ تاللىشى ئەمەس ئىدى، دەپ ئىسپىمىزگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ياقۇپنىڭ ئىككى ئايالىدىن ئەڭ ئىخلاسمەنى لېياھ ئىكەنلىكىنى بايقايمىز (ئۇنىڭ 35:29دە خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىنى كۆرۈڭ).

## «قوڭۇر رەڭ، تاغىل ۋە ئالا-چىپار قوزىلار» ـ بۇ زادى نېمە ئىش؟ (30-31-بابلار)

ياقۇپنىڭ لابانىدىن ئىش ھەققى ئۈچۈن پادىلىرى ۋە مال-مۈلككە ئىگە بولۇش يولىنىڭ تەپسىلاتلىرى بەلكىم بىزگە سەل مۈجمەل بولىسمۇ، ئەسلىدە ياقۇپ ئىش ھەققى توغرۇلۇق لابانغا ئىنتايىن ئادىل بىر يولنى تەشەببۇس قىلغان ــ ئۇ بولىسمۇ، توختامدىن كېيىن تۇغۇلغان «تاغىل ۋە ئالا-چىپار قوزىلار»نىڭ ھەممىسى ياقۇپقا تەۋە بولىدۇ. لاباننىڭ بۇ پىلانغا بولغان ئىنكاسى پادىلىرىدىكى بارلىق شۇنداق ماللارنى ياقۇپتىن يىراق بىر جايغا ئاپىرىۋېتىشتىن ئىبارەت بولدى (پادىلىرىم ئارىسىدا شۇنداق پاخلانلار تۇغۇلمىسۇن دەپ!). لېكىن خۇدا ياقۇپنى ئىزچىل بەرىكەتلەيدۇ؛ گەرچە لابان ئالتە يىل ئىچىدە ياقۇپنىڭ ئىش ھەققىنى ئازايتماقچى بولۇپ بۇ شەرتلەرنى ئون قېتىم ئۆزگەرتكەن بولىسمۇ، خۇدا ھەربىر قېتىم لاباننىڭ يامان نىيەتلىرىنى توساپ، ياقۇپنى بەرىكەتلەيدۇ (7:31، 41). كېيىن ياقۇپ لېياھ ۋە راھىلەگە ئۆزىنىڭ «قوڭۇر رەڭ، تاغىل ۋە ئالا-چىپار ماللار»نى تاللىشى خۇدانىڭ ۋەھىيسى بىلەن بولدى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ (10:30-12). پادىلار سۇغىرىلغىنىدا ياقۇپنىڭ «تېرەك، بادام ۋە چىنار شاخچىلىرىنى ئېلىپ، قوۋزىقىنى يوللۇق قىلىپ شىلىپ، ئاق سىزىقلار چىقىرىلغان يۇمران چىۋىقلار»نى ماللارنىڭ ئالدىغا قويۇشىنىڭ ئۇلارنى

نەسىللەندۈرۈشكە بولغان تەسىرىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار-يوقلۇقىنى بىلمەيمىز (بار بولۇشى مۇمكىن). لېكىن بۇنداق ئاساس بولسۇن، بولمىسۇن، قايسىلا چاغدا ياقۇپنىڭ ھەققى بولۇشقا قانداق رەڭدىكى مال بېكىتىلسۇن دەل شۇنداق بالىلىغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى پەرۋەردىگارنىڭ بەرىكىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ چۈشىنىمىز.

## ياقۇپنىڭ «خۇدا بىلەن چېلىشىشى» (32-باب)

ياقۇپ بىلەن چېلىشقان سىرلىق زات خۇدادىن باشقا ھېچكىم ئەمەس، دېيىلىدۇ (28:32). ياقۇپ شۇ ئىشنى جەزملەشتۈرۈپ ئەسلىتىش ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ ئىسمىنى «پەنۇئەل» («خۇدانىڭ يۈزى») دەپ قويىدۇ. چېلىشچى زات يەنە «ئادەم» دېيىلىدۇ (24-ئايەت).

بۇ زاتنى «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»دىن باشقا ھېچكىم ئەمەس، يەنى خۇدانىڭ ئەينى ئىپادىسى بولغان مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر، دەپ ئىشىنىمىز («ھوش.» 4:12). ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن شۇنى ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئىبرانىي تىلىدا ھەم يۇنان تىلىدا «پەرىشتە» دېگەن سۆز «خەۋەرچى»، «ئەلچى» ياكى «ئەۋەتىلگۈچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (ئىبرانىي تىلىدا «مالاك»، يۇنان تىلىدا «ئانجىلوس»). مەسىھ ئادەتتىكى «پەرىشتە» ئەمەس، ئەلۋەتتە، بەلكى خۇدا ئالاھىدە ئەۋەتكەن «ئەۋەتىلگۈچى»دۇر. تەۋراتتىكى بىرنەچچە باشقا يەرلەردە بايان قىلىنغاندەك، مەسىھ يەر يۈزىگە كېلىپ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى شۇ يولدا بىرنەچچە قېتىم ئايان بولغان. «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

## شىمېئون ۋە لاۋىينىڭ شەكەمدىكىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى (34-باب)

شەكەم شەھىرىنىڭ شاھزادىسى شەكەمنىڭ ياقۇپنىڭ قىزى دىناھقا بولغان مۇئامىلىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، شىمېئون ۋە لاۋىينىڭ شەكەمدىكىلەرگە بولغان مۇئامىلىسىگە قانداق قارايمىز؟ شىمېئون ۋە لاۋىي، شۈبھىسىزكى، ئاتىسىنىڭ ئىلگىرىكى ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئۆگەنگەن. شەكەمنىڭ قىلغانلىرىنى توغرا دېيەلمەيمىز، ئەلۋەتتە. شەكەمدىكىلەرنىڭ ئىسرائىللار بىلەن سۆلھ تۈزۈش مەقسەتلىرى جەزمەن ساپ ئاق

كۆكۈللۈكتىن بولغان ئەمەس ئىدى («بۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ مال-تەئەللۇقاتى، ھەممە چارپايلىرى بىزنىڭكى بولمامدۇ؟ بىز پەقەت ئۇلارغا ماقۇل دېسەكلا، ئۇلار ئارىمىزدا تۇرىدۇ» ــ 23:34). ھالبۇكى، خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ھەرقانداق كىشى بىلەن قىلىشقان ھەرقانداق توختام ياكى كېلىشىمى بار بولسا (مەيلى ئۇلار ئېتىقادچى بولسۇن، ئېتىقادسىز بولسۇن) ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشى كېرەكتۇر (مەسىلەن، «ئەز.» 17:11-12نى كۆرۈڭ). لېكىن شىمېئون بىلەن لاۋىينىڭ شەكەم بىلەن تۈزگەن توختىمىدا ئەسلىدىلا سەمىمىيلىكى يوق ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئىككى ئادەمنىڭ يالغۇز پۈتكۈل شەھەردىكى ئەركەك ئادەملەرنى بىراقلا ئۆلتۈرۈشى بىر خىل «دادىللىق» ياكى باتۇرلۇقنى كۆرسەتسىمۇ، ياقۇپ كېيىن بۇ ئىشقا توغرا باھا بېرىپ «رەھىمسىزلىك» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇلار توغرۇلۇق بولغان بېشارەتتە ئۇلارنىڭ غەزىپىگە لەنەت ئوقۇيدۇ (49:5-7) ۋە كىنايىلىك بىلەن ئۇلارنى «قىرىنداشلار» دەپ ئاتايدۇ ــ دېمەك، ئۇلار رەھىمسىزلىكى بىلەنمۇ بىر-بىرىگە قىرىنداشتۇر.

## يەھۇدانىڭ تامار بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ تارىخي مۇھىملىقى - نېمىشقا خۇدا بۇ ۋەقەنىڭ خاتىرىلىنىشىنى خالايدۇ؟ (38-باب)

يەھۇدا ۋە كېلىنى تامار ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بەرگەن غەلىتە ۋەقە نېمىشقا يۈسۈپ توغرىسىدىكى تارىخنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆزلىنىدۇ؟

بىرىنچىدىن، يەھۇدانىڭ نەسىللىرى «شاھانە جەمەت» بولىدۇ، مەسىھ ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن مۇناسىۋەتتىن بولغان بالىسى پەرەزنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، بۇ ۋەقە ۋە دىناھقا مۇناسىۋەتلىك ۋەقە (34-باب) يەرلىك قانائانىيلارنىڭ بۇزۇق، ناپاك ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ياقۇپنىڭ ئائىلىسىگە تەسىر يەتكۈزىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەھۇدا ھېچقەيسى يوق دەپ قانائانىي بىر پاھىشە ئايال بىلەن ياتىدۇ (ھېچ بولمىغاندا، ئۇ تامار بىلەن ياتقاندا پاھىشە ئايال بىلەن ياتتىم، دەپ ئويلىغان). تامارمۇ (قانائانلىق بىر قىز) ئۆز قېيىناتىسى بىلەن بىللە بولۇشقا شۇنداق بىر پىلاننى (ئۇمۇ «ھېچقەيسى يوق» دەپ) ئويلاپ چىقىدۇ. خۇدا ئۆز خەلقىنىڭ قانائانىيلارنى يەلەستىنىدىن ھەيدىۋەتكۈدەك كۆچكە ئىگە بولۇشىغىچە، (شۇنداقلا ئۆزى يەھۇدىي خەلقىگە ۋەدە قىلغان زېمىننى ئىگىلەتكۈچە) خەلقنى ئۇلارنىڭ شۇ يامان تەسىرىدىن ۋە

ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئايرىپ تۇرۇشقا بىر تەدبىر تېپىشى كېرەك ئىدى. خۇدا تاللىغان تەدبىر بولسا خەلقىنى باشقا بىر يەرگە ۋاقىتلىق يۆتكەشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ يەر دەل مىسىر ئىدى؛ مىسىرلىقلار چارۋىچى خەلقنى مەنسىتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئىسرائىللارغا ئايرىم بىر رايوننى بۆلۈپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ يەردە قوشۇپ ئېيتىشىمىز كېرەككى، تامارنىڭ شۇ ئىشلاردا بولغان مەقسىتى مەلۇم بىر شەھۋانىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھامىلدار بولۇش ئۈچۈن ئىدى (دەرۋەقە ئۇ ھامىلدار بولدى). ئەگەر ئۇ ئوغۇل پەرزەنت كۆرسە: (ئا) ئۇنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئانىلىق سالاھىيىتى بولاتتى؛ (ئە) يەھۇدانىڭ مال-مۈلكىدىن مىراس ئالىدىغان ئوغلى بولاتتى؛ (ب) ئۆزى ياشانغاندا شۇ ئوغۇل ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالاتتى.

## يۈسۈپ
## يۈسۈپنىڭ چۈشلىرى
## يۈسۈپ ــ مەسىھنى كۆرسىتىدىغان «بېشارەتلىك رەسىم»

يۈسۈپنىڭ ھاياتىدىن ئاتىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە يان بېسىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ياقۇپنىڭ ئاتىسى ئىسھاقنىڭ ئەساۋغا بولۇشقانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاپەتلەر ئاتا-ئانىلارنىڭ بىرەر پەرزەنتىگە بولۇشۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ! بىراق ياقۇپمۇ ئوخشاش خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ، ئوخشاشلا پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى پەيدا قىلدى. ئاتا-ئانىلارغا شۇنداق سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇكى، پەرزەنتلىرىڭىزگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىڭ!

«زەب.» 105:17-22دە يۈسۈپ توغرۇلۇق ۋەھىي بېرىلگەن: —

«ئۇ ئۇلاردىن بۇرۇن بىر ئادەمنى ئەۋەتكەنىدى،
يۈسۈپ قۇل قىلىپ سېتىلغانىدى.
ئۇنىڭ پۇتلىرى زەنجىردە ئاغرىدى،
ئۇنىڭ جېنى تۆمۈرگە كىرىپ قىسىلدى؛

شۇنداقلا تا ئۆزىگە ئېيتىلغان ۋەھىي ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئۇنى سىناپ تاۋلىدى؛
پىرەۋن ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ ئۇنى بوشاتقۇزدى،
قوۋملار ھۆكۈمدارى ئۇنى ھۆرلۈككە چىقاردى.
ئۇنى ئۆز ئوردىسىغا غوجىدار قىلىپ قويدى،
پۈتۈن مال-مۈلكىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ،
ئۆز ۋەزىرلىرىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ تەربىيلىنىشكە،
ئاقساقاللىرىغا دانالىق ئۆگىتىشكە تاپشۇردى».

دەرۋەقە، يۈسۈپ ئۆز چۈشلىرى ئارقىلىق «پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى»غا ئېرىشمىگەن بولسا ئۇچرىغان ئاۋارىچىلىكلەر ئاز بولۇشى مۇمكىن بولاتتى! ئۇلارنىڭ مەزمۇنى دەل ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقىنىنىڭ ئەكسىچە ئىدى؛ ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى ھېچقاچان ھۆرمەتلىمىدى، ئەكسىچە ئۇ ئۇلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىشى ئاخىردا تېخىمۇ يامانلىشىپ، ئۇنى قۇللۇققا سېتىۋېتىشكە يەتتى. شۇنداق قىلىپ، خۇدا چۈشلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى ۋە ئېتىقادىنى سىنىدى.

مىسىردا بولسا يۈسۈپنىڭ ئىشلىرى ئىككى قېتىم ئوڭدىن كېلىپ، كېيىن ھەر ئىككى قېتىم قاملاشمىدى؛ ئاندىن ئۈمىدلىرى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. ئىككىنچى قېتىمدا تۈرمىدە پىرەۋنىنىڭ باش ساقىيى ۋە باش ناۋايىنىڭ چۈشلىرىگە توغرا تەبىر بەرگەندىن كېيىن، ئۇ باش ساقىي مىنىڭ مېھرىبانلىقىمنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، چۈشىگە توغرا تەبىر بەرگىنىمدىن مىنىڭ ئالدامچى ۋە زىناخور ئەمەسلىكىمنى، بەلكى خۇدانىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدۇ ۋە مەن ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلدى. ھالبۇكى، مۇقەددەس يازمىلاردا شۇ چاغدىن تارتىپ پىرەۋن ھالقىلىق چۈشلەرنى كۆرگۈچە: «تويپتوغرا ئىككى يىل ئۆتتى» دەپ خاتىرىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، «زەبۇر» 105-كۈيدە «ئۇنىڭ جېنى تۆمۈر ئىچىگە كىردى» دەپ خاتىرىلەنگەندەك (ئىبرانىي تىلىدىكى سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى) ئۇنىڭ ئېتىقادى شۇ ئىشتا قاتتىق سىنالدى.

بەزى ئالىملار «يۈسۈپ تولۇق پەيغەمبەر ئەمەس»، پەقەت «چۈش كۆرگۈچى» ۋە «تەبىر بەرگۈچى»، شۇنداقلا ناھايىتى ئىخلاسمەن بىر ئادەم دەپ قارايدۇ. لېكىن چۈشلەرگە دائىم تويپتوغرا تەبىر بېرىشنىڭ ئۆزى پەيغەمبەرلىك خاسىيىتى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پىرەۋنگە سۆز قىلغاندا «خۇدا پىرەۋنگە خاتىرجەملىك

بېرىدىغان (ئامان-ئېسەنلىكىكە ئېلىپ بارىدىغان) «بىر جاۋاب بېرىدۇ» دەيدۇ ــ بۇ سۆزلەر پەقەت پەيغەمبەرلا ئېيتىدىغان سۆزلەردۇر.

كۆپ ئالىملار يۈسۈپنىڭ ھاياتىنىڭ مەسىھنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرى خېلى كۆپ، شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ تۆۋەندىكىدەك كۆپ جەھەتلەردە مەسىھنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدىغان «بېشارەتلىك رەسىم» دەپ بايقايدۇ («روس.» 15-9:7دە ئىستىفان دەل مۇشۇ ئىشلارنى تىلغا ئالىدۇ): ــ

(1) يۈسۈپ مەخسۇس ئىسرائىل خەلقىنى ھەم تائىپىلەرنىمۇ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن (5:45) قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغان (6:49)؛ ئاتىسى تەرىپىدىن ئىنتايىن كۆپ سۆيۈلگەن.

مەسىھ ھەم ئىسرائىل خەلقىنى ھەم تائىپىلەرنىمۇ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغان (مەسىلەن، «يەش.» 49:1-3)؛ ئاتىسى تەرىپىدىن ئىنتايىن كۆپ سۆيۈلگەن.

(2) يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلەيدۇ؛ كېيىن ئۇ قۇلنىڭ باھاسىدا (20 كۈمۈش تەڭگىگە) تائىپىلەرنىڭ قولىغا سېتىۋېتىلىدۇ.

مەسىھنىڭ قېرىنداشلىرى، يەنى يەھۇدىي خەلقى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلەيدۇ؛ كېيىن ئۇ قۇلنىڭ باھاسىدا (30 كۈمۈش تەڭگىگە) تائىپىلەرنىڭ قولىغا سېتىۋېتىلىدۇ.

(3) يۈسۈپنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى قەدەممۇقەدەم ئاۋۇيدۇ.

ئەيسا مەسىھنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمۇ قەدەممۇقەدەم ئاۋۇيدۇ.

(4) يۈسۈپ ئۇۋال قىلىنىپ، ساختا شىكايەت بىلەن جىنايەتچى دەپ بېكىتىلىدۇ.

ئەيسا مەسىھ ئۇۋال قىلىنىپ ساختا شىكايەت بىلەن جىنايەتچى دەپ بېكىتىلىدۇ.

(5) يۈسۈپ دەھشەتلىك ھالدا ھاقارەت قىلىنىپ خارلىنىدۇ، بارلىق شۆھرەت-ئىناۋەتتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.

ئەيسا مەسىھ دەھشەتلىك ھالدا ھاقارەت قىلىنىپ خارلىنىدۇ، بارلىق شۆھرەت-ئىناۋەتتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ (لېكىن مەسىھنىڭ يۈسۈپ بىلەن شۇنداق پەرقى باركى، مەسىھ ئۆزى خالاپ بۇ ئازابلىق يولنى تاللىغانىدى ــ «فىل.» 2:5-11).

(6) يۈسۈپ ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا خۇدانىڭ ئىشلىرىدا بولۇشى بىلەن، يەنى پىرەۋنگە چۈش ئۆرۈپ بېرىشى بىلەن تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ مەرتىۋىسى كۆتۈرۈلدى ــ ئۇ چاغدا ئۇ ئوتتۇز ياشقا كىرگەنىدى.

ئەيسا مەسىھ ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا خۇدانىڭ ئىشلىرىدا بولغىنىدا، يەنى خۇش خەۋەرنى جاكارلاشنى باشلىغىنىدا ئوتتۇز ياشقا كىرگەنىدى. كېيىن ئۇ ئۆلۈمدىن

تىرىلدۈرۈلۈپ ئەرشكە كۆتۈرۈلدى — ئۇ چاغدا ئۇ ئوتتۇز ئۈچ ياشتا ئىدى.

(7) يۈسۈپ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن پىرەۋنگە (پادىشاھلىقنىڭ ئىككىنچى ئورنىدا) باش ۋەزىر دەپ تىكلىنىدۇ.

رەببىمىز كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، خۇدانىڭ ئوڭ تەرىپىگە «رەب» دەپ تىكلىنىدۇ («روس.» 36:2، «فىل.» 5:2-11).

(8) يۈسۈپ پىرەۋنگە باش ۋەزىر بولغاندا (مىسىردا تۇرغان) تائىپىلەرگە نىجات كەلتۈرىدۇ. پىرەۋن ئۇنىڭغا «زافنات-پائانياھ» دېگەن ئىنتايىن ئالىي نامنى قويىدۇ («دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن).

رەببىمىز ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ تائىپىلەرگە نىجات كەلتۈرىدۇ. خۇدا ئۇنىڭغا ھەممە نامدىن ئۈستۈن بولغان نامنى قويىدۇ «فىل.» 7:2)؛ ئۇنى دەرۋەقە «دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» دېگىلى بولىدۇ («يۇھ.» 42:4).

(9) پىرەۋن يۈسۈپكە «تائىپىلەردىن بولغان» بىر قىزنى خوتۇنلۇققا بېرىدۇ (45:41).

خۇدا رەببىمىزگە «تائىپىلەردىن بولغان» بىر «قىز»نى، يەنى جامائەتنى بېرىدۇ («ۋەھ.» 2:21، 9، 17:22، «ئەف.» 22:5-32).

(10) يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن يەتتە يىل ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق ئەپلەشتۈرۈلىدۇ.

كەلگۈسىدە «مەسىھنىڭ قېرىنداشلىرى» يەنى يەھۇدىي خەلقى يەتتە يىل ئازاب-ئوقۇبەتلەر (يەنى «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»، «يەر.» 7:30، «مات.» 21:24-22) ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئەپلەشتۈرۈلىدۇ.

(11) يۈسۈپنىڭ چەتكە قېقىلىشى ئارقىلىق ھەم ئىسرائىل ھەم تائىپىلەر قۇتقۇزۇلىدۇ. بۇ خۇدانىڭ پىلانى ئىدى (20:50).

رەببىمىزنىڭ چەتكە قېقىلىشى ئارقىلىق ھەم ئىسرائىل ھەم تائىپىلەر قۇتقۇزۇلىدۇ. بۇ خۇدانىڭ پىلانى ئىدى («روس.» 23:2).

يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىغا بولغان قاتتىق قول مۇئامىلىسى ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن توۋا قىلغان-قىلمىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىدى. نەتىجىدە، ئۇ ئۇلارنىڭ توۋا قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلار ئارىسىدىن روبەن ۋە يەھۇدا ئىككىسى ئاتىسىغا بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۆز ئەركىنلىكىنى قۇربان قىلىپ، قېرىندىشى بىنيامىننى (بىنيامىن يۈسۈپتەك ئۇلارنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئەمەس ئىدى) قۇتقۇزۇشقا ئۆزىنى پىدا قىلىشقا تەييار

تۆرىدىغىنىنى كۆرىدۇ. شۇڭا يۈسۈپنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىسى، گەرچە قاتتىق قوللۇق كۆرۈنسىمۇ، ئىنتايىن دانالىق بىلەن يۇرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

## ياقۇپنىڭ بېشارەتلىرى (49-باب)

ئاخىرىدا بىز ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلى توغرۇلۇق بولغان بېشارەتلىرىنىڭ قانداق يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز: —

(49-بابتىن)

### رۇبەن (3-4-ئايەت)

«ئەي رۇبەن، سەن مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇمسەن،
كۈچ-قۇدرىتىمسەن،
كۈچۈم بار ۋاقتىمنىڭ تۇنجى مېۋىسىدۇرسەن،
سالاپەت ۋە قۇدرەتتە ئالدى ئىدىڭ،
لېكىن قايناپ تېشىپ چۈشكەن سۇدەك،
ئەمدى ئالدى بولالماسسەن؛
چۈنكى سەن ئاتاڭنىڭ كۆرپىسىگە چىقتىڭ،
شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنى بۇلغىدىڭ!
ئۇ مېنىڭ كۆرپەمنىڭ ئۈستىگە چىقتى!»
«سەن ئاتاڭنىڭ كۆرپىسىگە چىقتىڭ»

رۇبەن ئاتىسىنىڭ توقلى بىلھاھ بىلەن بىللە ياتقىنى ئۈچۈن تۇنجىلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدۇ (22:35). دەل ياقۇپ بېشارەت بەرگەندەك، كېيىن ئىسرائىل ئىچىدە ھېچقانداق پەيغەمبەر، پادىشاھ ياكى مۆتىۋەر رۇبەن قەبىلىسىدىن چىقمايدۇ. ئۇلار ئىبرىشكەن يەرلەر خۇددى ۋەدە قىلغان زېمىننىڭ ئەڭ چېتىگە جايلىشىدۇ. «ھاك.» 15:5دە رۇبەن قەبىلىسىنىڭ شۇ چاغلاردا يېتەكچىلىك جەھەتتە لاياقەتلىك بولمىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

### شىمېئون ۋە لاۋىي (5-7-ئايەت)

«شىمېئون بىلەن لاۋىي قېرىنداشلاردۇر؛ ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى زوراۋانلىقنىڭ قوراللىرىدۇر!
ئاھ جېنىم، ئۇلارنىڭ مەسلىھىتىگە كىرمىگىن!
ئى ئىززىتىم، ئۇلارنىڭ جامائىتى بىلەن چېتىلىپ قالمىغاي!
چۈنكى ئۇلار ئاچچىقىدا ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بۇقىلارنىڭ پېيىنى كەستى.
ئۇلارنىڭ ئاچچىقى ئەشەددىي بولغاچقا لەنەتكە قالسۇن!
غەزىپىمۇ رەھىمسىز بولغاچقا لەنەتكە قالسۇن!
مەن ئۇلارنى ياقۇپنىڭ ئىچىدە تارقىتىۋېتىمەن، ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ئۇلارنى چېچىۋېتىمەن»

ياقۇپ تىلغا ئالغان ۋەقەلەر توغرىسىدا 34-باب، بولۇپمۇ 24-31-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ. شىمېئون ۋە لاۋىي دەل ئۇ بېشارەت بەرگەندەك «ئىسرائىل ئىچىدە تارقىتىلدۇ»، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىدىن ھېچقايسىسىنىڭ مۇقىم تېررىتورىيەسى ياكى رايونى بولمايدۇ («يە.» 1:19). ھالبۇكى، ئاخىر بېرىپ لاۋىي قەبىلىسىنىڭ «تارقىتىلغانلىقى»نىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن كېيىنكى دەۋردىكى لاۋىيلارنىڭ خۇداغا كۆرسەتكەن سادىقلىقى تۈپەيلىدىن بولدۇ («مىس.» 26:32-28، «چۆل.» 6:25-13، «قان.» 8:10-9، 6:33، «مال.» 4:2-9نى كۆرۈڭ). ئۇلارنىڭ شۇ ساداقەتلىكى تۈپەيلىدىن خۇدا ئۇلارنى ئىسرائىللارغا تەۋرات قانۇنىنى ئۆگىتىشكە، شۇنداقلا ئىبادەت ۋە ھەرخىل كاھىنلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتۈشكە تىكلەپ، ئۇلارنى پۈتكۈل خەلق ئىچىدە جاي-جايلارغا تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرغان.

### يەھۇدا (8-12-ئايەت)

«ئەي يەھۇدا! سېنى بولسا قېرىنداشلىرىڭ تەرىپلەر، قولۇڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ گەجگىسىنى باسار.
ئاتاڭنىڭ ئوغۇللىرى ساڭا باش ئۇرار.
يەھۇدا ياش بىر شىردۇر؛
ئەي ئوغلۇم، سەن ئوۋنى تۇتۇپلا چىقتىڭ؛

ئۇ شىردەك ئۆڭۈنىڭ يېنىدا چۆكۈپ سوزۇلۇپ ياتسا، ياكى چىشى شىردەك يېتىۋالسا، كىممۇ ئۇنى قوزغاشقا پېتىنار؟
شاھانە ھاسا يەھۇدادىن كېتىپ قالمايدۇ، يەھۇدانىڭ پۇشتىدىن قانۇن چىقارغۇچى ئۆكسۈمەيدۇ، تاكى شۇ ھوقۇق ئىگىسى كەلگۈچە كۈتىدۇ؛
كەلگەندە، جاھان خەلقلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ.
ئۇ تەخىينى ئۈزۈم تېلىغا، ئېشەك بالىسىنى سورتلۇق ئۈزۈم تېلىغا باغلاپ قويار.
ئۇ لىباسىنى شارابتا يۇيۇپ، تونىنى ئۈزۈم شەربىتىدە يۇيار.
ئۇنىڭ كۆزلىرى شارابتىن قىزىرىپ كېتەر، چىشلىرى سۈت ئىچكىنىدىن ئاپئاق تۇرار»

تەھلىل قىلايلى -

«ئەي يەھۇدا! سېنى بولسا قېرىنداشلىرىڭ تەرىپلەر» — «يەھۇدا» دېگەننىڭ مەنىسى «تەرىپلەش» ياكى «مەدھىيە»دۇر (35:29نى كۆرۈڭ). ياقۇپنىڭ سۆزلىرى ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىللىرىگە بولغان يېتەكلىگۈچى ياكى سەلتەنەت قىلغۇچىنىڭ يەھۇدا قەبىلىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئوۋ تۇتۇپلا چىقتىڭ» دېگەن سۆز، شۈبھىسىزكى، كەلگۈسىدە يەھۇدادىن بولىدىغان، تولۇق غەلىبە قىلىدىغان يېتەكچىلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يېتەكچىلىك بىرىنچىدىن داۋۇت ۋە سۇلايماندا بولغان، ئاندىن داۋۇتنىڭ شاھانە جەمەتىدىن ولغان، پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىدىغان بارلىق پادىشاھلاردا كۆرۈنگەن؛ ئاخىر بىرىپ مەسىھنىڭ ئۆزىدە ئەڭ روشەن كۆرۈنگەن.

«شىردەك چۆكۈپ سوزۇلۇپ ياتسا ياكى چىشى شىردەك يېتىۋالسا، كىممۇ ئۇنى قوزغاشقا پېتىنار؟» — شىر ئوۋنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ئاۋۋال قورسىقىنى توقلايدۇ، ئاندىن كېيىن مۈشۈ تاپتىن كۆپرەك تاماقلار چىقىدۇ، دەپ بىلىپ ئەتراپىدا سوزۇلۇپ يېتىپ قالىدۇ. ئۇنداق ئەھۋالدا كىممۇ ئۇنى قوزغاشقا پېتىنالايدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزلەر يەھۇدانىڭ ھەم تولۇق غەلىبە قىلىدىغىنىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالغان ئولجىدىن تولىمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئارام ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تولۇق بېشارەتنى پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى يەھۇدادىن چىقىدىغان مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر؛ شۇنىڭ بىلەن

ئۇ دەرۋەقە «يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان شىر» دەپ ئاتىلىدۇ («ۋەھ.» 5:5).

«شاھانە ھاسا يەھۇدادىن كېتىپ قالمايدۇ، يەھۇدانىڭ پۇشتىدىن
قانۇن چىقارغۇچى ئۆكسۈمەيدۇ، تاكى شۇ ھوقۇق ئىگىسى كەلگۈچە
كۈتىدۇ؛
كەلگەندە، جاھان خەلقلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ».

يەھۇدا توغرۇلۇق بېشارەتنىڭ جەۋھىرىگە ئەمدى كەلدۇق.

بېشارەتنى قىسىم-قىسىملاپ تەھلىل قىلايلى: —

(ئا) ئىبرانىي تىلىدا «يەھۇدانىڭ پۇشتىدىن» «يەھۇدانىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، پۇتكۈل ئىسرائىلنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى («شاھانە ھاسا») ۋە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى يەھۇدا قەبىلىسىدە بولىدۇ؛ ھالبۇكى، بېشارەت بۇ ھوقۇقنىڭ قايسى ۋاقىت يەھۇداغا ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ (بېشارەتتىن 600 يىل كېيىن، يەنى داۋۇتنىڭ ۋاقتىدا ھوقۇق ئۆتىدۇ).

(ئە) ھوقۇق يەھۇدا قەبىلىسىگە ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان مەسىھ كەلگۈچە شۇ قەبىلىدىن كەتمەيدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «شۇ ھوقۇق ئىگىسى» دېگەن ئىبارە «شىلوھ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. قەتئىي ئىشىنىمىزكى، بۇ سۆزنىڭ ئەڭ ياخشى تەرجىمىسىنى دەل شۇ — «ئەز.» 27:21دىن كۆرۈڭ.

بۇ ئەھۋال (ھوقۇق يەھۇدا قەبىلىسىدە تۇرغانلىقى) ھەتتا بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان ۋاقىتلاردا ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ داۋاملاشقان. ئىسرائىلنىڭ «قالدىسى» سۈرگۈندىن پەلەستىنگە قايتىپ كەلگەندە ئۇلارغا پارس ئىمپېراتورى بېكىتكەن ۋالىي داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان زەرۇببابەل ئىدى. پەقەت ئاخىردا ھىرود (ئىدۇملۇق كىشى) پادىشاھلىقنى رىم ئىمپېرىيەسىدىن «سېتىۋالغان» ۋاقتىدىلا، ئاندىن مەسىھ دۇنياغا كېلىپ تۇغۇلدى

بۈگۈنكى كۈنلەردە بولسا، (خۇدادىن ئالاھىدە ۋەھىي كەلمىسە) يەھۇدىيلارنىڭ قايسىسىنىڭ ھەقىقىي يەھۇدا قەبىلىسىدىن كەلگەنلىكىنى ياكى باشقا ئون بىر قەبىلىنىڭ بىرسىدىن كەلگەنلىكىنى دەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس؛ چۈنكى ئىسرائىللارنىڭ بارلىق نەسەبنامىلىرى يوقاپ كەتكەن ياكى ۋەيران قىلىنغان

(ب) «ئۇ (مەسىھ) كەلگەندە، جاھان خەلقلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت

قىلىدۇ» — دېمەك، تائىپىلەر مەسىھنى تونۇپ قوبۇل قىلىدۇ. بېشارەتنىڭ ئۆزىدە يەھۇدىيلار ياكى ئىسرائىللارنىڭ «شىلوھ»قا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ياكى ئۇلارنىڭ مەسىھنىڭ ئۇلار ئارىسىدا بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىمتىيازدىن مۇيەسسەر بولىدىغانلىقى ئېنىق دېيىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەممىمىزگە ئايانكى، ئىسرائىل خەلقى ئومۇمەن مەسىھنى چەتكە قاقتى

شۇڭا بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنى تارىخىي پاكىتلاردۇر. مەسىھنى قوبۇل قىلغانلار («ئىتائەت قىلغانلار»)نىڭ كۆپىنچىسى «جاھان خەلقلىرى»، يەنى تائىپىلەردىن بولغان.

«ئۇ تەخىينى ئۈزۈم تېلىغا،ئېشەك بالىسىنى سورتلۇق ئۈزۈم تېلىغا باغلاپ قويار.

ئۇ لىباسىنى شارابتا يۇيۇپ، تونىنى ئۈزۈم شەربىتىدە يۇيار.

ئۇنىڭ كۆزلىرى شارابتىن قىزىرىپ كېتەر، چىشلىرى سۈت ئىچكىنىدىن ئاپئاق تۇرار»

بۇ ئايەت مەسىھنىڭ سەلتەنىتىدىن چىققان باياشاتلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۈزۈم تاللىرى شۇنچە كۆپ، شۇنچە ئېسىل ۋە كۈچلۈك ئۆسىدۇكى، ھەتتا بىرسى ئېشىكىنى ئۇلارغا باغلىسىمۇ چاتاق بولمايدۇ. ھەتتا ئۈزۈملەر بىلەن ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتكەن تال شۇنچە مەزمۇت تۇرىدۇكى، ئېشەكنىڭ ئۇيان-بۇيان تارتىشلىرى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ؛ ئۈزۈملىرىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇكى، ئىگىسى ئېشەكنىڭ ئۇلارنى يەپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ. بۇ سۆزنىڭ يەنە بىر مەنىسى بولۇشى مۇمكىنكى، بىرلا ئۈزۈم تېلى چىقارغان ئۈزۈملەر شۇنچە كۆپ بولىدۇكى، ئۇلارنى كۆتۈرۈشكە بىر ئېشەك كېرەك بولىدۇ. بېشارەتتە مەسىھنىڭ ئېشەككە مىنگىنى كۆرۈلىدۇ؛ دەرۋەقە، رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئاخىرقى قېتىم يېرۇسالېمغا كىرگىنىدە، ئېشەككە مىنىپ كىردى («زەك.» 9:9، «مات.» 21:1-9)

ئۈزۈملەر شۇنچە مول بولىدۇكى، مەسىھ خالىسا ئېگىنلىرىنى سۈنىڭ ئورنىدا ئۈزۈم شەربىتى (ئىبرانىي تىلىدا «ئۈزۈم قېنى»)دە يۇيىدۇ (يەنە «يەش.» 63:1-6 ۋە «ۋەھ.» 14:17-20نى كۆرۈڭ). ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر تۈرلۈك سۈت مەھسۇلاتلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ.

بۈگۈنگە قەدەر يەھۇدا قەبىلىسى ئىگىلىگەن زېمىندا دەرۋەقە ئىنتايىن كۆپ ھەم بەك ئېسىل ئۈزۈم تاللىرى باردۇر.

## زەبۇلۇن (13-ئايەت)

«زەبۇلۇن دېڭىز بويىنى ماكان قىلار، ماكانى كېمىلەرنىڭ پاناھگاھى بولار، يەر-زېمىنى زىدونغىچە يېتىپ بارار».

زەبۇلۇن توغرۇلۇق ئۈچ ئىش دېيىلدۇ: —
(ئا) ئۇ «دېڭىز بويىنى (ياكى دېڭىزغا يېقىن) ماكان قىلىدۇ».
(ئە) ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ ئۆزى كېمىلەرگە ئارامگاھ بولىدۇ ياكى شۇنداق ئارامگاھ (پورت) قا يېقىن بولىدۇ.
(ب) ئۇ ئىگىلىگەن زېمىن زىدوننىڭ زېمىنىغا تۇتىشىدۇ.
گەرچە زەبۇلۇننىڭ ئىگىلىگەن زېمىنى دېڭىزنىڭ ئۆزىگە تۇتاشمىغان بولسىمۇ («يە.» 19:10-16)، چېگرىسى دېڭىزغا بەك يېقىن بولغاچقا، ئۇلار دېڭىز ئارقىلىق كۆپ سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار قىلغان سودىسىنىڭ كۆپ بىر قىسمى فىنىكىيلەرنىڭ پورتى زىدون ئارقىلىق بولغان. مەسىھنىڭ كەلگۈسىدىكى «مىڭ يىللىق سەلتەنەت»تە زەبۇلۇننىڭ زېمىنى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ («ئەز.» 26:48).

## ئىسساكار (14-15-ئايەت)

«ئىسساكار بەستلىك بەردەم بىر ئېشەكتۇر، ئۇ ئىككى قوتان ئارىسىدا ياتقاندۇر؛
ئۇ ئارامگاھنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە قاراپ، زېمىنىنىڭ ئېسىللىقىنى كۆرۈپ، يۈك كۆتۈرۈشكە مۈرىسىنى ئېگىپ، ئالۋانغا ئىشلەيدىغان قۇل بولۇپ قالار».
ئىسساكار ياخشى ئىشلىيەلەيدىغان، بىراق ئەمگەكنى ئەمەس، بەلكى ئارامنى ياخشى كۆرىدىغان بەردەم بىر ئېشەككە ئوخشىتىلىدۇ. دەرۋەقە ئىسساكار ئىنتايىن كۈچلۈك بىر قەبىلە بولۇپ قالدى؛ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ كۈنلىرىدە ئىسساكاردا جەڭگە چىقالايدىغان ئادەملەر 64300 («چۆل.» 25:26) ۋە كېيىن 87000 ئىدى («1تار.» 7:1-5). يەشۇئا پەيغەمبەر بولغان ۋاقىتتا ئىسساكار قەبىلىسىگە ئىنتايىن مۇنبەت يەر بولغان

يىزرەئەل جىلغىسى تەقدىم قىلىنغان («يە.» 17:19-23). ھالبۇكى، قەبىلە شۇ ياخشى زېمىننى پۈتۈنلەي ئىگىلەش ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرمىدى؛ بۇ ئىش قورقۇنچاقلىقتىن ئەمەس، بەلكى ھورۇنلۇقتىن ئىدى. نەتىجىدە، ئۇلار ئاخىرىدا قانائانىي قەبىلىلىرىگە ھاشارچى بولۇپ ئىشلىدى.

«ئارامگاھ» بەلكىم خۇدا ئىسساكارغا ۋەدە قىلغان مىراس زېمىننىڭ ياخشى بىر قىسمىنى كۆرسەتسە كېرەك.

## دان (16-18-ئايەت)

«دان ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن بىرى بولار، ئۆز خەلقىگە ھۆكۈم چىقىرار.
دان يول ئۈستىدىكى يىلان، چىغىر يول ئۈستىدە تۇرغان زەھەرلىك بىر يىلاندۇر.
ئۇ ئاتنىڭ تۇيىقىنى چىقىپ، ئات مىنگۈچىنى ئارقىغا موللاق ئاتقۇزار.
ئى پەرۋەردىگار، نىجاتىڭغا تەلمۈرۈپ كۈتۈپ كەلدىم!»

دان دېگەن نامنىڭ مەنىسى «ھۆكۈم» ياكى «ھۆكۈم چىقارغۇچى» ياكى «سوتچى» بولىدۇ. بېشارەتتە ئۇنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق بولىدۇ، دېيىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ شىمشوندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ شىمشون ئىسرائىلغا «باتۇر ھاكىم» بولغانلاردىن بىرى ئىدى، دان قەبىلىسىدىن چىققان («ھاك.» 13-16-بابلار).

دان «ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن بىرى بولار» دېگەن سۆز بىزگە سەل غەلىتە كۆرۈنۈشى مۇمكىن. داننىڭ ئىسرائىلدىن بولغانلىقى كىمگە ئايان ئەمەس؟ كېيىن، ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرى تىزىملانغاندا، دان قەبىلىسى دائىم دېگۈدەك ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. «چۆل.» 25:10 ۋە «يە.» 40:19-48دىن، ئىسرائىلنىڭ چۆلدە سەپەر قىلغاندا دان قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ماڭغانلىقى كۆرۈنىدۇ. بەزىدە دان قەبىلىسى ئىسرائىل قەبىلىلىرى تىزىملىكىدىن قېلىپ قالىدۇ (مەسىلەن، «ۋەھىي» 7-بابتا) لېكىن ئەزاكىيال» 1:48-2، 32دىن ئېنىق بىلىمىزكى، دان قەبىلىسى مەسىھنىڭ پادىشاھلىقىدا كەم بولسا بولمايدۇ.

دان قەبىلىسىنى ئاتلىق ئەسكەرگە كەينىدىن ھۇجۇم قىلىدىغان يىلانغا ئوخشىتىش كەلگۈسىدە ئۇلار پىستىرما جەڭ قىلىدىغان خەلق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دانلارنىڭ

شۇ خاراكتېردا بولغانلىقى شىمشوننىڭ مىجەزىدە ۋە ھاياتىدا ۋە كېيىن دانلارنىڭ لائىش شەھىرىگە بولغان ھۇجۇمىدىن كۆرۈلىدۇ («ھاك.» 18:18-31)؛ بۇ شەھەر كېيىن دانلارنىڭ پايتەختى بولدى.

دان ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرۇلۇق ئويلاش ياقۇپنى ھاياجانلاندۇرۇپ: «ئى پەرۋەردىگار، نىجاتىڭغا تەلمۈرۈپ كۈتۈپ كەلدىم!» دەپ نىدا قىلدۇردى. بۇ ئۇندەش جۈملە داننى ھەققانىي قىلىپ خۇدا بىلەن ئىناقلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بىرخىل نىجاتنىڭ كېرەك بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك (دانلار كېيىن بۇتپەرەسلىككە ئىنتايىن مايىل بولۇپ قالغان ـــ «ھاك.» 18-بابنى، «1پاد.» 29:12، «ئاموس» 14:8نى كۆرۈڭ). دەرۋەقە ئۇنداق ئۇلۇغ نىجاتلىق مەسىھ ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ («ئىبر.» 3:2) ۋە ئۇنىڭ ئارقىلىق دان قەبىلىسى قۇتقۇزۇلۇپ مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق پادىشاھلىقى ئىچىدە ھەققانىي قىلىنىپ كۆرۈلىدۇ («ئەز.» 1:48).

## گاد (19-ئايەت)

«گادقا بولسا، قاراقچىلار قوشۇنى ھۇجۇم قىلار؛
لېكىن ئۇ تاپان بېسىپ زەربە بېرەر».

بۇ قىسقا ئايەتتە پەقەت ئالتە سۆز بار، ئۇنىڭدا «گاد» دېگەن نام بىلەن سۆز ئويۇنى قىلىنىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «گاد»نىڭ مەنىسى (1) تەلەيلىك؛ (2) «قاراقچى قوشۇن» ياكى «ھۇجۇم» بولۇپ، بۇ جۈملە: «گادقا بولسا، قاراقچىلار قوشۇنى ھۇجۇم قىلىدۇ؛ لېكىن ئۇ (گاد) قوشۇن بولۇپ ئۇلارغا تاپان بېسىپ زەربە بېرىدۇ» دېگەندەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گاد قەبىلىسى دائىم باشقا مىللەتتىن بولغان قاراقچى قوشۇنلار ۋە دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ زېمىنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلىشىدۇ؛ شۇ يەر چۆل-باياۋاندا تۇرۇۋاتقان خەلق-مىللەتلەر تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ («يەر.» 1:49). لېكىن ئۇ «ئۇلارنىڭ تاپىنىنى بېسىپ زەربە بېرىدۇ» ـــ ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئاخىر بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قازىنىدۇ. گاد قەبىلىسىنىڭ جەڭگە بولغان ماھارىتى «قان.» 20:3 ۋە «1تار.» 18:5-22دە تىلغا ئېلىنىدۇ. «1تار.» 8:12-15دە بىرنەچچە گادلارنىڭ داۋۇتنىڭ ئالاھىدە تاللىۋالغان قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

## ئاشىر (20-ئايەت)

«ئاشىرنىڭ تامىقىدا زەيتۇن مېيى مول بولار،
ئۇ شاھلار ئۈچۈن نازۇ-نېمەتلەرنى تەمىنلەر».

ئاشىرنىڭ كەلگۈسىدىكى باياشاتلىقى مۇشۇ يەردە تەكىتلىنىدۇ (مۇسا پەيغەمبەر «قان.» 24:33دىمۇ ئاشىر توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەندە ئوخشاش ئېيتىلىدۇ). كېيىن، ئاشىر قەبىلىسى ئېرىشكەن زېمىن «ئوتتۇرا دېڭىز» بويىدا بولۇپ بوغۇنگە قەدەر ئېسىل سۈپەتلىك زەيتۇن دەرەخلىرى بىلەن داڭقى چىققان. ئاشىر ھەتتا پادىشاھلارغا خاس مەھسۇلاتلارنى چىقىردۇ.

## نافتالى (21-ئايەت)

«نافتالىدىن چىرايلىق گەپلەر چىقار، ئۇ ئەركىن قويۇۋېتىلگەن مارالدۇر».

نافتالى توغرۇلۇق كەلگۈسىدىكى ئىككى ئەھۋال كۆرسىتىلىدۇ: —

(ئا) ئۇ مارالدەك ئەركىن، كەڭ-ئازادىلىكتە ياشايدىغان بىر خەلق بولىدۇ؛ دەرۋەقە نافتالى قەبىلىسى يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ تەقدىم قىلىشى بىلەن تاغلىق بىر رايونغا مىراسلىق قىلىدۇ ۋە شۇ زېمىندا ئېرىشكەن ئەركىنلىكىنى ئەزىز بىلىپ قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن كېرەك بولغان جەڭ ماھارىتىگە ئىگە بولىدۇ («ھاك.» 4:1-24نى كۆرۈڭ).

(ئە) ئۇنىڭدىن «چىرايلىق گەپلەر چىقار» — گەپكە ئۇستا، پاساھەتلىك، شېئىرىي سۆز قىلالايدىغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىر مىسال «ھاك.» 1:5-31دە كۆرۈلىدۇ — بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى نافتالىي باراكنىڭ ئاغزىدىن چىققان).

## يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەفرائىم ۋە ماناسسەھ توغرۇلۇق (22-26-ئايەت)

«يۈسۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىدۇر، بۇلاقنىڭ يېنىدىكى كۆپ مېۋىلىك شاختەكتۇر؛
ئۇنىڭ شاخچىلىرى تامدىن ھالقىپ كەتكەندۇر.

يا ئاتقۇچىلار ئۇنىڭغا ئازار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوق ئاتتى، ئۇنىڭغا نەپرەتلەندى.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئوقيايى مەزمۇت تۇرار، قول-بىلەكلىرى ئەپلىك تۇرغۇزۇلار، شۇ كۈچ ياقۇپ تايانغان كۈچلۈك بولغۇچىنىڭ قوللىرىدىندۇر —
(ئىسرائىلنىڭ قورام تېشى، يەنى ئۇنىڭ پادىچىسى ئۇنىڭدىن چىقار!)
ئاشۇ كۈچ ئاتاڭنىڭ تەڭرىسىدىندۇر – (ئۇ ساڭا مەدەت بېرەر!)
يەنى ھەممىگە قادىردىندۇر — ئۇ سېنى بەرىكەتلەر!
يۇقىرىدا ئاسماننىڭ بەرىكەتلىرى بىلەن،
تۆۋەندە ياتقان چوڭقۇر سۇلارنىڭ بەرىكەتلىرى بىلەن،
ئەمچەك بىلەن بالىياتقۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن سېنى بەرىكەتلەر!
سېنىڭ ئاتاڭنىڭ تىلىگەن بەرىكەتلىرى ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ تىلىگەن بەرىكەتلىرىدىن زىيادە بولدى،
ئۇلار مەڭگۈلۈك تاغ-ئېدىرلارنىڭ چەتلىرىگىچە يېتەر،
ئۇلار يۈسۈپنىڭ بېشىغا چۈشەر، يەنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئايرىم تۇرغۇچىنىڭ چوققىسىغا تېگەر»

يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «شاخچىلىرى باغنىڭ تېمىدىن ھالقىپ كەتكەن» «مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى» بولىدۇ — دېمەك، مېۋە-چېۋىلىرى شۇنچە مول بولىدۇكى، باغنىڭ تېمىدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ. «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» 1-بابتا خاتىرىلەنگەن رويخېتى بويىچە يۈسۈپنىڭ ئادەملىرى يەھۇدانىڭكىدىن ئاز بولىدۇ؛ لېكىن «چۆل.» 26-بابتىكى رويخەت بويىچە ئۇلار يەھۇدانىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ. ئۇ «بۇلاقنىڭ (ياكى «قۇدۇق»نىڭ) يېنىدا» بولىدۇ — دېمەك، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭكى مۇقىم سۇ مەنبەئەسى بار بولۇپ، يامغۇرغا تايىنىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ.

23-ئايەتتە يۈسۈپ ئۇچرىغان زىيانكەشلىك، يەنى ئۆز قېرىنداشلىرى، پوتىفار ۋە پوتىفارنىڭ ئايالى تەرىپىدىن ئۇچرىغان مۇئامىلىلەر شېئىرىي ئوخشىتىشلار بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بىراق يۈسۈپ بۇ مۇئامىلىلەردىن ئۆتۈپ ئامان قالىدۇ — «ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئوقيايى مەزمۇت تۇرار، قول-بىلەكلىرى ئەپلىك تۇرغۇزۇلار، شۇ كۈچ ياقۇپ تايانغان كۈچلۈك بولغۇچىنىڭ قوللىرىدىندۇر». ئۇ ئۇچرىغان سىناقلار ئارقىلىق ۋە پەرۋەردىگارنىڭ كۈچلەندۈرۈشلىرى بىلەن دۈشمەنلىرىنىڭ

«ئوقلىرى» چەتلىتىلىپ ئۇنىڭغا تەگمىدى ۋە ئۇزىنىڭ «قول-بىلەكلىرى ئەپلىك تۇرغۇزۇلدى»؛ چۈنكى ھەقىقىي كۈچلۈك بولغۇچى ئۇنى قوۋۋەتلەندۈردى. ئاندىن بېشارەتتە ياقۇپ مەسىھنى خۇدانىڭ ئۆز يېنىدىن چىققان «ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى» («زەك.» 11-باب ۋە «يۇھاننا» 10-بابنى كۆرۈڭ) ۋە «ئىسرائىلنىڭ قورام تېشى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. تەۋراتتا ھەم ئىنجىلدا «ئىسرائىلنىڭ قورام تېشى» ياكى «قورام تاش» مەسىھنى كۆرسىتىدىغان سىمۋول سۈپىتىدە كۆپ يەرلەردە بايقىلىدۇ.

25-ئايەتتە ياقۇپ يۈسۈپ كەلگۈسىدە بەھرىمەن بولىدىغان بەخت-بەرىكەتنى «يۇقىرىدا ئاسماننىڭ بەرىكەتلىرى بىلەن، تۆۋەندە ياتقان چوڭقۇر سۇلارنىڭ بەرىكەتلىرى بىلەن» دەپ ئالدىنئالا ئېيتىدۇ. ئاندىن: «ئەمچەك بىلەن بالىياتقۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن سېنى بەرىكەتلەر» دەپ ئېيتىلىدۇ — بۇلار بىلەن يۈسۈپ ئەڭ چوڭ قەبىلە بولىدۇ (ئەفرائىم ۋە ماناسسەھ ئىككىسى بىرلەشتۈرۈلگەندە). ئىسرائىللار «جەنۇبىي پادىشاھلىق» («يەھۇدا») ۋە «شىمالىي پادىشاھلىق» («ئىسرائىل»)غا بۆلۈنگەندىن كېيىن ئەفرائىم قەبىلىسى ئاخىردا شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇكى، بەزىدە شىمالىي پادىشاھلىق ئايرىم ھالدا «ئەفرائىم» نامى بىلەنلا ئاتىلىدۇ (مەسىلەن، «2تار.» 7:25، «يەش.» 7:2نى كۆرۈڭ).

شۇنىڭ بىلەن، بېشارەت بويىچە، يۈسۈپ قارشىلىششقا يۈزلەنگەن ھالدا روناق تاپىدۇ.

## بىنيامىن (27-ئايەت)

«بىنيامىن يىرتقۇچ بۆرىدەكتۇر؛
ئەتىگەندە ئۇ ئوۋنى يەر، كەچقۇرۇن ئۇ ئولجىسىنى تەقسىم قىلار».

بېشارەتتە بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ جەڭگىۋار، ئۇرۇشقاق خاراكتېرى تەكىتلىنىدۇ. ئۇ كۆپ قېتىملاپ غەلىبە قازىنىدۇ: «ئەتىگەندە ئۇ ئوۋنى يەر» ۋە شۇنداق غەلىبىلىك بولغاندىن كېيىن: «كەچقۇرۇن ئۇ ئولجىسىنى تەقسىم قىلار» — قازانغان غەلىبىسىنىڭ ئولجا-غەنىيمەتنى باشقىلارغىمۇ تەقسىم قىلىپ ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ.

دەرۋەقە، بىنيامىن قەبىلىسىدىن بەزى داڭقى بار جەڭچىلەر چىقتى — ئەھۇد («ھاك.» 15:3-30)، سائۇل («1سام.» 1:9-15:11)، يوناتان («1سام.» 1:14-

52)؛ ۋە ئىنتايىن قەيسەر، ئېتىقادى كۈچلۈك بەزى ئەر-ئاياللار ــ مەسىلەن، موردىكاي ۋە ئەستەر ئۆلاردىن چىقتى. روسۇل پاۋلۇس بىنيامىندىن چىقتى؛ ئۇنىڭ ئىسمى «سائۇل» ۋاقتىدا، ئۇ رەب ئەيسا مەسىھنى تېخى ئۇچراتمىغانىدى، توۋا قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ خاراكتېرى دەرۋەقە «يىرتقۇچ بۆرىدەك» دەھشەتلىك ئىدى. لېكىن خۇداغا مىڭ تەشەككۈر، ھەربىرىمىزنىڭ كونا خاراكتېرىمىز مەسىھنىڭ نىجاتى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئۆزگەرتىلىدۇ ئۇنىڭكىگە ئوخشاش مۇھەببەتلىك، مېھرۇ-شەپقەتلىك، رەھىمدىللىققا («رىم.» 11:1-2، «روس.» 26:9-11»، «1تىم» 13:1نى كۆرۈڭ)!

ئامىن!

## «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى» «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى» قاتارلىق ئىبارىلەر (8.25)

«ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى» دېگەن ئىبارە تەۋراتتىكى — «تەبىرلەرنى» كۆرۈڭ.

# تەۋرات 2-قىسىم

# «مىسىردىن چىقىش»

## كىرىش سۆز

مەزكۇر كىتاب شەكسىز مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆز يازمىسىدۇر. كىتابتا خۇدانىڭ ئىبراھىمغا ئېيتقان: «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ!» دېگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى خاتىرىلەنگەن. مۇشۇ ۋەدە ئاۋۋال يەھۇدىي خەلقىنىڭ «تۇغۇلۇشى»، ئاندىن ئەڭ ئاخىرىدا مەسىھنىڭ يەھۇدىي خەلقى ئارقىلىق دۇنياغا كېلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. «يەھۇدىي خەلقىنىڭ تۇغۇلۇشى» مەزكۇر كىتابنىڭ مۇھىم بىر تېمىسىدۇر.

### ئىسرائىل خەلقى نېمىشقا «تۆت دەۋر» مىسىردا مۇساپىر بولغان؟

«يارىتىلىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىكى، 38-باب توغرۇلۇق بايانلاردىن نەقىل كەلتۈرسەك: ـ

«خۇدا ئۆز خەلقىنىڭ قانائانىيلارنى پەلەستىندىن ھەيدىۋەتكۈدەك كۈچكە ئىگە بولۇشىغىچە، (شۇنداقلا ئۆزى يەھۇدىي خەلقىگە ۋەدە قىلغان زېمىننى ئىگىلەتكۈچە) خەلقىنى ئۇلارنىڭ شۇيامان تەسىرىدىن ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئايرىپ تۇرۇشقا بىر تەدبىر تېپىشى كېرەك ئىدى. خۇدا تاللىغان تەدبىر بولسا خەلقىنى باشقا بىر يەرگە ۋاقىتلىق يۆتكەشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ يەر دەل مىسىر ئىدى؛ مىسىرلىقلار چارۋىچى خەلقنى مەنسىتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئىسرائىللارغا ئايرىم بىر رايوننى بۆلەپ بەردى».

«مىسىردىن چىقىش» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن تارىخ ئىسرائىللار مىسىردا مۇساپىر بولۇپ تۇرغان ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىسرائىللار خېلىلا كۆپىيىپ، چوڭ بىر قوۋم بولۇپ قالغانىدى – تەخمىنەن ئىككى مىليونغا يەتكەنىدى. مىسىرلىقلار ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنى قۇل قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغانىدى. بۇ زۇلۇمنىڭ مەلۇم بىر سەۋەبى: «ئىسرائىللار بىزدىن كۆپ، شۇنداقلا ئۇلار كۈچلۈك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن» دېگەن قورقۇنچتىن بولغانىدى. مىسىر پادىشاھى پىرەۋن ئىبرانىيلارنىڭ بوۋاقلىرىنى تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. مۇسانىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭدىن قورقماي، يارلىقنى پىسەنت قىلماي مۇسانى ئۆز ئۆيىدە يوشۇرۇن باقىدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇلار قومۇش سېۋەتنى «كېمە» قىلىپ ياساپ، ئۇنى نىل دەرياسىدىكى قومۇشلۇقتا يوشۇرۇپ قويىدۇ. پىرەۋننىڭ قىزى ئۇنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ، ئۇنى بېقىۋالىدۇ. مۇسانىڭ تارىخى، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن قۇتۇلۇپ چىقىش تارىخى مانا شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.

بۇ ۋاقىت تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1525-يىلى ئىدى. مىسىرنىڭ شۇ چاغدىكى پىرەۋنى تۇتموس I ئىدى (1526-1512)؛ مۇسانى دەريادا لەيلەپ تۇرغان سېۋەتتىن تاپقان پىرەۋننىڭ قىزى دەل تۇتموس I-نىڭ قىزى خۇتشەپسۇت بولسا كېرەك. مۇشۇ دەۋردىكى كۆپرەك تارىخىي تەپسىلاتلار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

مۇسا پادىشاھ ئوردىسىدا شاھزادە سۈپىتىدە چوڭ قىلىنىپ تەربىيە كۆرىدۇ («روس.» 22:7). لېكىن ئۇ ئۆز خەلقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئاخىرىدا ئۇ: خۇدا ئۆزۈمنى ۋاستە قىلىپ ئۆز خەلقىنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارغا ۋەدە قىلغان زېمىنغا باشلاپ كىرگۈزىدۇ، دېگەندىن خەۋەردار بولدى. ئۇنىڭ شۇ خەۋەردىن قانداق يول بىلەن خەۋەردار بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم، لېكىن شۇنداق بولغانلىقىدا شەك يوق («روس.» 7:23-25). ھالبۇكى، ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىنى رەت قىلىدۇ («روس.» 7:25-29). نەتىجىدە، ئۇ چۆل-باياۋانغا قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئاندىن شۇ يەردە قىرىق يىل پادىچى بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. پەقەت شۇ قىرىق يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا خۇدا قايتىدىن ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ، ئۆز چاقىرىقى بويىچە خەلقىنى مىسىرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزۇشقا قايتىدىن ئەۋەتىدۇ.

خۇدانىڭ قانداق يول بىلەن ئۆز نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى زېھىن قويۇپ

ئوقۇش ھەرقاچان ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىش بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ ھېكمەتلەرنى بىلگىلى بولىدۇ. خۇدا ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇش يولىدا مۇسا ۋە ھارۇننى، ئىسرائىل خەلقى ۋە مىسىر خەلقىنى، پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى سىنايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۆزىگە ئىشىنىشى ۋە تايىنىشىغا قىممەتلىك پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇلار بىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن مەزكۇر كىتابتا خاتىرىلەنگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىسرائىللار «خەلق بولۇشقا» تۇغۇلىدۇ؛ ئۇلار مىسىردىن قۇتقۇزۇلىدۇ، «قىزىل دېڭىز»غا چۈشۈپ بىرخىل «چۆمۈلدۈرۈلۈش»نى قوبۇل قىلىپ، خۇدانىڭ مۇقەددەس قانۇن-بەلگىلىمىلىرىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ؛ ئۇلار خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى «مۇقەددەس چېدىر»دا تۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ؛ چۆل-باياۋاندا خۇدانىڭ سىناشلىرىغا ئۇچرايدۇ (ئاخىرىدا يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە خۇدا ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلغان قانائان زېمىنىغا باشلاپ كىرىلىدۇ). مەزكۇر «مىسىردىن چىقىش» دېگەن كىتاب خۇدانىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىشىنىڭ خاتىرىسىدۇر.

## مەزمۇن: –

1. ئىسرائىللارنىڭ مىسىردا قۇللۇقتا بولۇشى (1-باب)
2. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە چاقىرىلىشى (2-4-بابلار)
3. مۇسانىڭ مىسىرغا قايتىشى؛ مىسىر پادىشاھى پىرەۋنىڭ جاھىللىق قىلىپ خۇدانىڭ ئەمرىنى رەت قىلىشى؛ خۇدا مىسىرلىقلارغا چۈشۈرگەن ئاپەتلەر (5-11-بابلار)
4. ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ۋە مىسىردىن چىقىش (12-بابتىن 15-باب 21-ئايەتكىچە)
5. قىزىل دېڭىزدىن سىناي تېغىغا سەپەر قىلىش (22:15تىن 18-بابقىچە)
6. مۇقەددەس قانۇنىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى ۋە ئەھدىنىڭ تۈزۈلۈشى (19- 24-بابلار)
7. ئىبادەت چېدىرىنىڭ ياسىلىشى، قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بەلگىلىمىلىرى (25-31-بابلار)

8. ئىسرائىللارنىڭ بۇتلارغا بېرىلىپ ئاسىيلىق قىلىشى؛ مۇسانىڭ ئۇلار ئۈچۈن قىلغان دۇئا-تىلاۋەتلىرى (32-34-بابلار)

9. ئىبادەت چېدىرىنىڭ ياسىلىشى (35-40-بابلار)

# مىسىردىن چىقىش

## ئىسرائىللارنىڭ مىسىردا تارتقان ئازابلىرى

1 ¹ ۋە تۆۋەندىكىلەر ئىسرائىل بىلەن بىللە مىسىرغا بارغان
ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى (ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆز بالا-
چاقىلىرىنى ئېلىپ، ياقۇپ بىلەن بىللە مىسىرغا بارغانىدى): —
² رۇبەن، شىمېئون، لاۋىي، يەھۇدا، ³ ئىسساكار، زەبۇلۇن، بىنيامىن، ⁴ دان،
نافتالى، گاد ۋە ئاشىر. ⁵ ئەمدى ياقۇپنىڭ پۇشتىدىن بولغانلار جەمئىي
بولۇپ يەتمىش ئادەم ئىدى. بۇ ۋاقىتتا يۇسۇپ مىسىردا ئىدى.
⁶ كېيىن يۇسۇپ، ئۇنىڭ بارلىق قېرىنداشلىرى ھەمدە بارلىق
زاماندا شلىرى ئۆلۈپ تۈگىدى. ⁷ شۇنداقتىمۇ، ئىسرائىللار كۆپ تۇغۇلۇپ،
تېز ئاۋۇپ، ئىنتايىن كۈچەيدى؛ ئۇلار زېمىنغا بىر كەلدى. ⁸ ئۇ ۋاقىتلاردا
يۇسۇپنى بىلمەيدىغان يېڭى بىر پادىشاھ مىسىردا تەختكە چىقت
ى. ⁹ ئۇ خەلقىگە: مانا، ئىسرائىللارنىڭ خەلقى بىزدىن زىيادە ئاۋۇپ
ھەمدە بىزدىنمۇ كۈچلىنىپ كەتتى. ¹⁰ ئەمدى بىز ئۇلارغا نىسبەتەن
ئاقىلانە ئىش تۇتايلى؛ بولمىسا، ئۇلار تېخىمۇ ئاۋۇپ كېتىدۇ، مۇبادا
ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار دۈشمەنلىرىمىز تەرەپكە

---

1:1 **«ۋە»** — «ۋە» دېگەن بۇ سۆز «مىسىردىن چىقىش» دېگەن كىتابنىڭ «يارىتىلىش» دېگەن كىتاب بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «يار.» 26:50نى كۆرۈڭ. **«ئىسرائىل»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا ياقۇپنىڭ ئىسمىنى «ئىسرائىل»غا ئۆزگەرتكەنىدى («يار.» 28:32، 10:35نى كۆرۈڭ).

1:1 يار. 8:46؛ مىس. 14:6.

5:1 يار. 27:46؛ قان. 22:10؛ روس. 14:7.

7:1 قان. 5:26؛ روس. 17:7

8:1 **«يۇسۇپنى بىلمەيدىغان يېڭى بىر پادىشاھ»** — بەلكىم «ھىكسوس پىرەۋنلەر» سۇلالىسىنى ئاغدۇرغان كىشى «ئاقموس» (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 1570-1546-يىللار) بولۇشى مۇمكىن.

8:1 روس. 18:7

ئۆتۈپ، بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، يۇرتتىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، ــ دېدى.
[11] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇلارنى قىلىۋاتقان ئەمگەكلەردە خارلاش ئۈچۈن ئىش باشلىرىنى تەيىنلەپ نازارەتچىلىككە قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار پىرەۋن ئۈچۈن پىتوم بىلەن رائامسەس دېگەن ماددىي ئەشيا ساقلايدىغان شەھەرلەرنى ياساپ بەردى. [12] لېكىن ئۇلارنى قانچە ئەزگەنسېرى، ئۇلار شۇنچە كۆپىيىپ ھەممە يەرنى قاپلىدى؛ بۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلار ئىسرائىللارغا ئۆچ بولۇپ كەتتى. [13] شۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلار ئىسرائىللارغا زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئىشلىتىپ ئېغىر ئىشلارغا سالدى. [14] مىسىرلىقلار ئۇلارنى لايچىلىق، خىش-كېسەك قۇيۇش ۋە ئېتىزلارنىڭ ھەرخىل ئەمگەكلىرىگە سېلىپ، ئىشنىڭ قاتتىقلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قاتتىق ئېغىرچىلىق سالدى؛ ئۇلارنى نېمە ئەمگەككە سالمىسۇن، ئىنتايىن جاپالىق ئىدى.
[15] مىسىر پادىشاھى ئىككى ئىبرانىي تۇغۇت ئانىسىغا سۆز قىلىپ (ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى شىفراھ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى پۇئاھ ئىدى):
[16] ــ سىلەر قاچانىكى ئىبرانىي خوتۇنلارنى تۇغدۇرساڭلار، تۇغقاندا ئوبدان قاراڭلار؛ بوۋاق ئوغۇل بولسا، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار؛ قىز بولسا، تىرىك قويۇڭلار، ــ دېدى.
[17] لېكىن تۇغۇت ئانىلىرى خۇدادىن قورقۇپ، مىسىرنىڭ پادىشاھى ئۇلارغا ئېيتقاندەك قىلماي، بەلكى ئوغۇل بوۋاقلارنى تىرىك قويدى.

---

**10:1** روس. 19:7

**11:1 «ئۇلار ئۇلارنى قىلىۋاتقان ئەمگەكلەردە خارلاش ئۈچۈن...»** ــ قارىغاندا، مىسىرلىقلار ئالىقاچان ئىسرائىللارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشقا سالغانىدى. **«رائامسەس»** ــ باشقا يەرلەردە «رامسەس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**12:1 «ئىسرائىللارغا ئۆچ بولۇپ كەتتى»** ــ ياكى «ئىسرائىللار تۈپەيلىدىن ئازار يېدى».

**12:1** زەب. 105:24-25

**15:1** «ئىبرانىيلار» ــ يەھۇدىيلارنى، يەنى ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ.

**16:1** «تۇغقاندا ئوبدان قاراڭلار» ــ ئىبرانىي تىلدا «تۇغۇت ئورۇندۇقىدا سەپسېلىپ قاراڭلار».

[18] شۇڭا مىسىرنىڭ پادىشاھى تۇغۇت ئانىلىرىنى چاقىرتىپ ئۇلاردىن:
ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟! ئوغۇل بالىلارنى نېمىشقا تىرىك قويدۇڭلار؟
ــ دەپ سورىدى.
[19] تۇغۇت ئانىلىرى پىرەۋنگە جاۋاب بېرىپ: ــ ئىبرانىي ئاياللار
مىسىرلىق ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار كۈچلۈك، ساغلام-تېمەن
بولغىنى ئۈچۈن تۇغۇت ئانىلىرى ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغۇچە،
ئۆزلىرى تۇغۇپ بولىدۇ، ــ دېدى.
[20] نەتىجىدە، خۇدا تۇغۇت ئانىلىرىغا ئىلتىپات كۆرسەتتى؛ ئىسرائىل
خەلقى داۋاملىق كۆپىيىپ، تېخىمۇ كۈچەيدى. [21] شۇنداق بولدىكى،
تۇغۇت ئانىلىرى خۇدادىن قورققىدىغان ئىخلاسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن
خۇدا ئۇلارنى ئائىلىلىك بولۇشقا مۇيەسسەر قىلدى.
[22] بۇنىڭ بىلەن پىرەۋن بارلىق پۇقرالىرىغا: ــ ئىسرائىللاردىن يېڭى
تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسىنى دەرياغا تاشلاڭلار، لېكىن قىز
بالىلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىك قالدۇرۇڭلار، دەپ ئەمر قىلدى.

## مۇسانىڭ دۇنياغا كېلىشى

2 [1] لاۋىينىڭ جەمەتىدىن بولغان بىر كىشى بېرىپ، لاۋىينىڭ
نەسلىدىن بولغان بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالدى. [2] بۇ ئايال
ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئانا ئۇنىڭ چىرايلىق
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۈچ ئاي يوشۇرۇپ ساقلىدى. [3] ئۇنى
يەنە يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندا، قومۇشتىن بىر سېۋەت ياساپ،

---

22:1 **«دەريا»** ــ مەزكۇر كىتابتا «دەريا» پەقەت نىل دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. مىسىردا ھېچقانداق باشقا چوڭ دەريا يوق. بۇگۈنگە قەدەر مىسىرلىقلار «دەريا» دېسە، پەقەت نىل دەرياسىنىلا كۆرسىتىدۇ —مۇشۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن زامانلاردا مىسىرلىقلار يەنە نىل دەرياسىنى «ئۆز ئىلاھلىرىمىزدىن بىرى» دەپ ھېسابلاپ ئۇنىڭغا چوقۇناتتى.

**22:1** روس. 19:7

**1:2** مىس. 20:6؛ چۆل. 59:26

**2:2** 1تار. 13:23؛ روس. 20:7؛ ئىبر. 23:11

ئۇنىڭغا يارىيېلىم ۋە موم سۈۋاپ، بالىنى ئىچىگە سېلىپ، دەريانىڭ
قىرغىقىدىكى قومۇشلۇق ئارىسىغا قويۇپ قويدى. [4]ئاندىن بالىنىڭ
ھەدىسى ئۇنىڭغا نېمە بولاركىن دەپ يىراقتىن قاراپ تۇردى. [5]ئۇ
ۋاقىتتا پىرەۋننىڭ قىزى سۇغا چۈمۈلگىلى دەريا تەرەپكە كەلدى؛ ئۇنىڭ
چۆرىلىرى دەريا بويىدا ئايلىنىپ يۈردى. پىرەۋننىڭ قىزى قومۇشلۇقنىڭ
ئارىسىدا تۇرغان سېۋەتنى كۆرۈپ، خاس چۆرىسىنى ئۇنى ئېلىپ
چىقىشقا ئەۋەتتى. [6]ئۇ سېۋەتنى ئېچىپ قارىۋىدى، مانا، بىر ئوغۇل
بالىنى كۆردى ۋە ئۇ بالا يىغلاپ كەتتى. مەلىكە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ:
ــ بۇ شۈبھىسىزكى ئىبرانىيلارنىڭ بالىلىرىدىن بىرى ئىكەن، دېدى.
[7]ئۇ چاغدا بالىنىڭ ھەدىسى پىرەۋننىڭ قىزىدىن: ــ مەن بېرىپ، سىلى
ئۈچۈن بالىنى ئېمىتىپ باقىدىغان بىر ئىبرانىي ئىنىكئانا تېپىپ
كېلەيمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
[8]پىرەۋننىڭ قىزى ئۇنىڭغا: ــ بارغىن، دېدى. قىز بېرىپ بوۋاقنىڭ
ئانىسىنى چاقىرىپ كەلدى. [9]پىرەۋننىڭ قىزى ئۇنىڭغا: ــ بۇ بالىنى
ئېلىپ كېتىپ مەن ئۈچۈن ئېمىتىپ بېقىپ بەر؛ ھەققىڭنى بېرىمەن،
دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئايال بالىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى ئېمىتىپ
باقتى.
[10]بالا چوڭ بولغاندا ئۇنى پىرەۋننىڭ قىزىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى؛
ئۇ ئۇنىڭغا ئوغۇل بولدى. ئۇ: «مەن ئۇنى سۇدىن چىقىرىۋالغان» دەپ
ئۇنىڭغا مۇسا دېگەن ئىسىمنى قويدى.

---

3:2 **«سېۋەت»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ساندۇق» ــ بۇ سۆز «يار.» 14:6دە نۇھ پەيغەمبەر ياسىغان «كېمە»نىمۇ بىلدۈرىدۇ. **«دەريانىڭ قىرغىقىدىكى قومۇشلۇق ئارىسىغا قويۇپ قويدى»** ــ مىسىرلىقلار نىل دەرياسىنى ئىلاھ دەپ قارىغاچقا، مىسىرلىق ئاياللارنىڭ نىل دەرياسىدا دائىم يۇيۇنۇش ئادىتى بار ئىدى. شۈبھىسىزكى، مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ شۇنداق قىلىشى مىسىرلىق بىر ئايالنىڭ ئۇنى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ بېقىۋالسۇن، دېگەننى مەقسەت قىلغانىدى.
5:2 **«سېۋەتنى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ساندۇقنى». 3-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

5:2 روس. 21:7؛ ئىبر. 23:11

10:2 **«مۇسا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مۇسا» دېگەن سۆز «تارتىپ چىقىرىش» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداشتۇر؛ قەدىمكى مىسىر تىلىدا «سۇنىڭ بالىسى» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن. ئاخىرىدا

## مۇسانىڭ ئىسرائىلنى قۇتقۇزماقچى بولۇشى ۋە مىديان دۆلىتىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشى

[11] مۇسا چوڭ بولغاندىن كېيىنكى كۈنلەردە شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئارىدا، بىر مىسىرلىقنىڭ ئىبرانىي قېرىنداشلىرىدىن بىرىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. [12] ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ، ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھېلىقى مىسىرلىقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، قۇمغا كۆمۈپ يوشۇرۇپ قويدى. [13] ئەتىسى ئۇ يەنە چىقىپ قارىۋىدى، مانا ئىككى ئىبرانىي بىر-بىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتاتتى؛




---

مۇسانىڭ شەرەپلىك بۇرچى ئىسرائىلنى «سۇ (يەنى، قىزىل دېڭىز)»دىن ياكى سۇ ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ چىقىرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

—ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلسا، پەرۋەنىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كۆپىنچە «موس» ياكى «موسىس» دېگەن قوشۇمچە بىلەن ئاخىرلاشقىنىنى بايقىيالايدۇ.

**11:2** روس. 7:23؛ ئىبر. 24:11،25

ئۇ يولسىزلىق قىلىۋاتقان كىشىگە: ــ ئۆز قېرىندىشىڭنى نېمىشقا
ئۇرىسەن؟ ــ دېدى.
14 ھېلىقى كىشى جاۋاب بېرىپ: ــ كىم سېنى بىزگە ھاكىم ۋە سوراقچى
قىلىپ قويدى؟ ھېلىقى مىسىرلىقنى ئۆلتۈرگىنىڭدەك مېنىمۇ
ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ ــ دېدى.
مۇسا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ ئۆز ئىچىدە: «مەن قىلغان ئىش جەزمەن
ئاشكارا بولۇپ قاپتۇ!» دەپ ئويلىدى.
15 پىرەۋن ھەم بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى
بولدى؛ لېكىن مۇسا پىرەۋننىڭ ئالدىدىن قېچىپ، مىدىيان
زېمىنىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشتى. بىر كۈنى، ئۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا
كېلىپ ئولتۇردى. 16 مىدىيانىنىڭ كاھىنىنىڭ يەتتە قىزى بار ئىدى؛
ئۇلار كېلىپ، ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىشقا سۇ تارتىپ ئوقۇرلارغا
قۇيۇپ تولدۇرۇشقا باشلىدى. 17 ئۇ ۋاقىتتا يەرلىك پادىچىلار كېلىپ،
ئۇلارنى ھەيدىدى، مۇسا قوپۇپ قىزلارغا ياردەم بېرىپ، قويلىرىنى
سۇغىرىشىپ بەردى.
18 ئۇلار ئاتىسى رېئۇئەلنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلگەندە، ئۇلاردىن: ــ
نېمىشقا بۈگۈن شۇنچە تېز يېنىپ كەلدىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى.
19 ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ بىر مىسىرلىق ئادەم بىزنى پادىچىلارنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزدى ھەمدە بىز ئۈچۈن سۇ تارتىپ، قوي پادىمىزنى
سۇغىرىپمۇ بەردى! ــ دېدى.
20 ئۇ قىزلىرىغا: ــ ئۇنداقتا ئۇ كىشى ھازىر نەدە؟! ئۇنى نېمىشقا
سىرتتا تاشلاپ كەلدىڭلار؟ ئۇنى تاماققا چاقىرىڭلار، ــ دېدى.
21 مۇسا ئۇ كىشى بىلەن بىللە تۇرۇشقا ماقۇل بولدى. ئۇ قىزى
زىپپوراھنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەردى.

**14:2** روس. 27:7

**15:2** روس. 29:7

[22]ئۇ ئايال ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى؛ مۇسا «مەن ياقا يۇرتتا
مۇساپىردۇرمەن» دەپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى گەرشوم دەپ قويدى.
[23]نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپ، مىسىرنىڭ پادىشاھى ئۆلدى. ئىسرائىللار
ئۆز قۇللۇق ھالىتى تۈپەيلىدىن ئاھ-زار ئۇرۇپ، نالە-پەرياد كۆتۈردى؛
قۇللۇقتىن بولغان پەريادى خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ يەتتى. [24]خۇدا
ئۇلارنىڭ ئاھ-زارلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئىبراھىم بىلەن، ئىسھاق بىلەن
ۋە ياقۇپ بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى ئېسىگە ئالدى. [25]شۇنىڭ بىلەن خۇدا
ئىسرائىللارنىڭ ھال-ئەھۋالىنى كۆردى ۋە خۇدا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلدى.

## خۇدانىڭ مۇسانى چاقىرىشى

3 [1]مۇسا بولسا قېيىنئاتىسى مىدىيانىنىڭ كاھىنى يەترونىڭ
قوي پادىسىنى باقاتتى. ئۇ قويلارنى باشلاپ چۆلنىڭ ئەڭ
چېتىگە خۇدانىڭ تېغى، يەنى ھورەب تېغىنىڭ باغرىغا كەلدى. [2]شۇ
يەردە بىر ئازغانلىقتىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئوت يالقۇنى ئىچىدىن
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا كۆرۈندى. مانا، ئازغانلىق
ئوتتا كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئازغان ئۆزى كۆيۈپ كەتمىگەنىدى.

---

22:2 **«گەرشوم»** — مۇشۇ ئىسىم «ياقا يۇرتلۇق» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش. مۇسانىڭ تۇنجى بالىسىغا بۇ ئىسىمنى قويۇشى بەلكىم خۇدا ئۇنىڭغا تاپشۇرماقچى بولغان خىزمەت ئورنىنىڭ شۇ يەردە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.

**22:2** مىس. 2:18، 3

**24:2** يار. 14:15

1:3 **«يەترو»** — رېئۇئەلنىڭ يەنە بىر ئىسمى. بەزىدە «يەتەر» دەپمۇ يېزىلىدۇ. **«ئۇ قويلارنى باشلاپ...»** — ئوتتۇرا شەرقتە پادىچىلار ئادەتتە قويلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. **«ھورەب»** — سىناي تېغىنىڭ يەنە بىر نامى.

2:3 **«شۇ يەردە بىر ئازغانلىقتىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئوت يالقۇنى ئىچىدىن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا كۆرۈندى»** — ياكى «شۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بىر ئازغانلىقتىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئوت يالقۇنى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا كۆرۈندى». **«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»** — تەۋرات دەۋرىدە ئىنتايىن ئالاھىدە بىر شەخس ئىدى. بەزى ئىشلاردا ئۇ خۇدانىڭ ئورنىدا كۆرۈنەتتى. «تەبىرلەر» ھەم «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ

[3] مۇسا: ــ مەن بېرىپ، بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈپ باقاي؛ ئازغانلىق
نېمىشقا كۆيۈپ كەتمەيدىغاندۇ؟ ــ دەپ ئويلىدى.
[4] پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بۇنى كۆرگىلى يولدىن چەتنەپ ئازغانلىققا
كەلگىنىنى كۆردى؛ خۇدا ئازغانلىق ئىچىدىن ئۇنى: ــ مۇسا! مۇسا! ــ
دەپ چاقىردى. ئۇ: مانا مەن! ــ دەپ جاۋاب بەردى.
[5] ئۇ ئۇنىڭغا: ــ بۇ يەرگە يېقىن كەلمە؛ پۇتلىرىڭدىن كەشىڭنى
سالغىن؛ چۈنكى سەن تۇرغان بۇ يەر مۇقەددەس جايدۇر. [6] مەن ئاتاڭنىڭ
خۇداسى، ئىبراھىمنىڭ خۇداسى، ئىسھاقنىڭ خۇداسى ۋە ياقۇپنىڭ
خۇداسىدۇرمەن، ــ دېدى.
بۇنى ئاڭلاپ مۇسا خۇداغا قاراشتىن قورقۇپ، يۈزىنى ئېتىۋالدى.
[7] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ــ بەرھەق، مەن مىسىردا
تۇرۇۋاتقان قوۋمىمنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى كۆردۈم،
نازارەتچىلەرنىڭ ئۇلارنى خارلاۋاتقانلىقىدىن قىلغان پەريادىنى
ئاڭلىدىم؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ دەردلىرىنى بىلىمەن. [8] شۇڭا مەن
ئۇلارنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، شۇ زېمىندىن چىقىرىپ،
ياخشى ھەم كەڭ بىر زېمىنغا، سۈت بىلەن ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان
بىر زېمىنغا، يەنى قانائانىي، ھىتتىي، ئامورىي، پەرىززىي، ھىۋىي
ۋە يەبۇسىيلارنىڭ يۇرتىغا ئېلىپ بېرىشقا چۈشتۈم. [9] مانا ئەمدى
ئىسرائىللارنىڭ نالە-پەريادى ماڭا يەتتى، مىسىرلىقلارنىڭ ئۇلارغا
قانداق زۇلۇم قىلغانلىقىنىمۇ كۆردۈم. [10] ئەمدى سەن كەل، مەن سېنى
خەلقىم ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىرىش ئۈچۈن پىرەۋننىڭ

---

4:3 **«مۇسا، مۇسا»** ــ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىم چاقىرىش ــ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ۋە ئۆزىگە تولىمۇ ئەزىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

5:3 **«مۇقەددەس جاي»** ــ «مۇقەددەس كىتاب»تا، «مۇقەددەس» دېگەن سۆز «خۇداغا مەخسۇس ئاتالغان»، «خۇدانىڭ ئىشلىتىشىگە مەخسۇس ئايرىلغان»، «خۇداغىلا مەنسۇپ» دېگەندەك مەندە ئىشلىتىلىدۇ.

**5:3** يە. 15:5

**6:3** مات. 32:22؛ مار. 26:12؛ لۇقا 37:20؛ روس. 32:7

**7:3** روس. 34:7

ئالدىغا ئەۋەتىمەن، ــ دېدى.
[11] لېكىن مۇسا خۇداغا: ــ مەن كىم ئىدىم، پىرەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ
ئىسرائىللارنى مىسىردىن چىقىرالىغۇدەك؟ ــ دېدى.
[12] ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ بەرھەق، مەن سەن بىلەن بىللە بولىمەن؛ سەن
قوۋمنى مىسىردىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن بۇ تاغدا خۇداغا ئىبادەت
قىلىسىلەر؛ بۇ ئىش مانا ئۆزۈڭگە مېنىڭ سېنى ئەۋەتكىنىمنىڭ
ئىسپات-بەلگىسى بولىدۇ، ــ دېدى.
[13] شۇنىڭ بىلەن مۇسا خۇداغا: ــ مەن ئىسرائىللارنىڭ قېشىغا بېرىپ
ئۇلارغا: «ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ خۇداسى مېنى قېشىڭلارغا ئەۋەتتى»
دېسەم، ئۇلار مەندىن: «ئۇنىڭ نامى نېمە؟» ــ دەپ سورىسا، ئۇلارغا
نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ ــ دېدى.
[14] خۇدا مۇساغا: ــ مەن «ئەزەلدىن بار بولغۇچى»دۇرمەن ــ دېدى.
ئاندىن ئۇ: ــ بېرىپ، ئىسرائىللارغا: ««ئەزەلدىن بار بولغۇچى» مېنى
قېشىڭلارغا ئەۋەتتى» دەپ ئېيتقىن، دېدى.
[15] خۇدا مۇساغا يەنە: ــ ئىسرائىللارغا: ــ «ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ
خۇداسى، ئىبراھىمنىڭ خۇداسى، ئىسھاقنىڭ خۇداسى ۋە ياقۇپنىڭ
خۇداسى بولغان «ياھۋەھ» مېنى قېشىڭلارغا ئەۋەتتى؛ ئۇ: ياھۋەھ
دېگەن بۇ نام ئەبەدگىچە مېنىڭ نامىم بولىدۇ، دەۋردىن-دەۋرگىچە مەن
شۇ نام بىلەن ئەسكە ئېلىنىمەن، دەيدۇ» ــ دېگىن.
[16] ــ بېرىپ، ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغىپ ئۇلارغا: ــ «ئاتا-

---

**10:3** زەب. 26:105؛ ھوش. 14:12؛ مك. 4:6؛ روس. 35:7

**12:3** يە. 5:1

**14:3 «مەن «ئەزەلدىن بار بولغۇچى»دۇرمەن»** ــ ياكى «مەن ئەسلى ئۆزۈمدۇرمەن» ياكى «ھەمىشە بارنىڭ ئۆزى مەندۇرمەن». بۇ نام (ئىبرانىي تىلدا «ياھۋەھ»)، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ ھېچ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەردائىم «ۋاقىتتىن سىرت»تا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئۆتمۈش، ھازىر ياكى كەلگۈسى ۋاقىتلار بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تەكىتلەيدۇ. ئادەتتە تەرجىمىمىزدە بۇ نام «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

**15:3 «ياھۋەھ»** ــ دائىم تەرجىمىمىزدە «پەرۋەردىگار» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ توغرۇلۇق 14:3تىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

بوۋىلىرىڭلارنىڭ خۇداسى، يەنى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ
خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ماڭا كۆرۈنۈپ: ــ مەن سىلەرنى يوقلاپ
كەلدىم، مىسىردا سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىنىۋاتقانلىقىنى
كۆردۈم؛ [17]شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزۈم شۇدۇركى، مەن سىلەرنى
مىسىرنىڭ زۇلۇمىدىن چىقىرىپ، قانائانىيلار، ھىتتىيلار،
ئامورىيلار، پەرىززىيلەر، ھىۋىيلار ۋە يەبۇسىيلارنىڭ زېمىنى، يەنى
سۈت بىلەن ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىنغا ئېلىپ بارىمەن،
دېدى، ــ دېگىن، دېدى.
[18] ــ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدىغان
بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا سەن، ئۆزۈڭ ۋە ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى
بىلەن بىرگە مىسىر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:
«ئىبرانىيلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار بىز بىلەن كۆرۈشتى. ئەمدى
سىزدىن ئۆتۈنىمىزكى، بىزگە ئۈچ كۈنلۈك يولنى بېسىپ، چۆلگە
بېرىپ، خۇدايىمىز پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق قىلىشقا ئىجازەت
بەرگەيسىز» ــ دەڭلار.
[19]لېكىن مىسىر پادىشاھىنىڭ ھەتتا قۇدرەتلىك بىر قولنىڭ
ئاستىدا تۇرۇپمۇ، سىلەرنى يەنىلا قويۇپ بەرمەيدىغىنىنى
بىلىمەن. [20] شۇڭا قولۇمنى ئۇزىتىپ، مىسىرلىقلارنى مەن ئۆز زېمىنى
ئىچىدە كۆرسەتمەكچى بولغان ھەرخىل كارامەت-مۆجىزىلىرىم
بىلەن ئۇرىمەن؛ ئاندىن پىرەۋن سىلەرنى قويۇپ بېرىدۇ.
[21]بۇ قوۋمنى مىسىرلىقلارنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپتۇرىمەن
ۋە شۇنىڭ بىلەن شۇنداق بولىدۇكى، سىلەر شۇ يەردىن
چىققىنىڭلاردا، قۇرۇق قول چىقمايسىلەر. [22]بەلكى ھەربىر ئايال
كىشى ئۆز قوشنىسىدىن ۋە ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇشلۇق يات ئايالدىن
كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى ۋە كىيىم-
كېچەكلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى ئوغۇل-قىزلىرىڭلارغا

16:3 **«يوقلاش»** ــ بۇ پېئىل خۇدا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىتىلگەن بولسا، غەمخورلۇق قىلىش، ئىنساننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تاقايسىلەر، كىيدۇرىسىلەر؛ شۇ تەرىقىدە مىسىرلىقلاردىن ئولجا ئالغان بولىسىلەر، ــ دېدى.

## خۇدانىڭ مۇساغا ئالاھىدە ئىقتىدار ئاتا قىلىشى

4 [1] مۇسا جاۋاب بېرىپ: ــ مانا، ئۇلار ماڭا ئىشەنمەي تۇرۇپ، سۆزۈمگە قۇلاق سالمايدۇ، بەلكى: «پەرۋەردىگار ساڭا كۆرۈنمىدى»، دېيىشى مۇمكىن، دېدى.

[2] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ قولۇڭدىكى بۇ نېمە؟ ــ دەپ سورىدى.

ئۇ: ــ بۇ بىر ھاسا، دەپ جاۋاب بەردى.

[3] ئۇ: ــ ئۇنى يەرگە تاشلا، دېدى. ئۇنى يەرگە تاشلىۋىدى، ئۇ بىر يىلانغا ئايلاندى؛ مۇسا ئۇنىڭ ئالدىدىن قاچتى. [4] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ قولۇڭنى ئۇزىتىپ، ئۇنى قۇيرۇقىدىن تۇت، دېۋىدى، ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنى تۇتتى. ئۇ يەنە ئۇنىڭ قولىدا ھاسىغا ئايلاندى.

[5] پەرۋەردىگار يەنە: ــ بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى، يەنى ئىبراھىمنىڭ خۇداسى، ئىسھاقنىڭ خۇداسى ۋە ياقۇپنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ساڭا كۆرۈنگىنىگە ئىشىنىدۇ، ــ دېدى.

[6] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يەنە: ــ قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، دېۋىدى، ئۇ قولىنى قوينىغا سېلىپ چىقىرىۋىدى، مانا، قولى پېسە-ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاردەك ئاقىرىپ كەتتى.

[7] ئاندىن ئۇنىڭغا: ــ قولۇڭنى يەنە قوينۇڭغا سالغىن، دېۋىدى، قولىنى قوينىغا سالدى. ئۇنى يەنە قوينىدىن چىقىرىۋىدى، مانا، ئۇز ئەكسىگە كېلىپ ئەتلىرىنىڭ باشقا يەرلىرىدەك بولدى.

[8] پەرۋەردىگار يەنە: ــ شۇنداق بولىدۇكى، ئەگەر ئۇلار ساڭا ئىشەنمەي، ئالدىنقى مۆجىزىلىك ئالامەتكە كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۇلار ئىككىنچى

22:3 مىس. 2:11؛ 35:12؛ ئەز. 10:39

مۆجىزىلىك ئالامەتكە ئىشىنىدۇ. [9] ھالبۇكى، ئۇلار بۇ ئىككى
مۆجىزىگە يەنىلا ئىشەنمىسە ۋە يا سۆزۈڭگە قۇلاق سالمىسا، ئۇنداقتا
سەن نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ، قۇرۇق يەرگە تۆككىن. شۇنىڭ
بىلەن سەن دەريادىن ئالغان سۇ قۇرۇق يەر ئۈستىدە قانغا ئايلىنىدۇ، دېدى.
[10] ئاندىن مۇسا پەرۋەردىگارغا: ــ ئەي ئىگەم، مەن ئەسلىدىنلا گەپكە
ئۇستا ئەمەستىم، سەن قۇلۇڭغا سۆز قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا
شۇنداق؛ چۈنكى مەن ئاغزىم كالۋا ۋە تىلىم ئېغىر ئادەممەن، ــ دېدى.
[11] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ كىم ئىنسانغا ئېغىز بەرگەن؟ كىم ئادەمنى
گاچا ياكى گاس، كۆرگۈچى ياكى كور قىلغان؟ شۇنداق قىلغۇچى
مەن پەرۋەردىگار ئەمەسمۇ؟ [12] ئەمدى سەن بارغىن، مەن ئۆزۈم سېنىڭ
ئاغزىڭ بىلەن بىللە بولىمەن، نېمە سۆزلەيدىغىنىڭنى ساڭا ئۆگىتىپ
تۇرىمەن، ــ دېدى.
[13] لېكىن ئۇ: ــ ئەي ئىگەم! سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سەن بۇ ئىشقا
خالىغان باشقا بىرسىنى ئەۋەتىپ، شۇنىڭ قولى بىلەن قىلغىن! ــ
دېدى.
[14] بۇنى ئاڭلاپ پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى مۇساغا تۇتىشىپ: ــ
لاۋىيلاردىن بولغان ئاكاڭ ھارۇن بار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ گەپنى ئوبدان
قىلالايدىغىنىنى بىلىمەن. مانا، ئۇ ئەمدى سېنىڭ ئالدىڭغا
چىقىشقا ئاللىقاچان يولغا چىقتى؛ ئۇ سېنى كۆرسە، كۆڭلى تولىمۇ
خۇش بولىدۇ. [15] ئەمدى دەيدىغان گەپلەرنى ئۇنىڭغا ئېيت؛ مەن
ئۆزۈم سېنىڭ ئاغزىڭ بىلەن بىللە ۋە ئۇنىڭ ئاغزى بىلەن بىللە

---

**8:4 «ئالدىنقى مۆجىزىلىك ئالامەتكە كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۇلار ئىككىنچى مۆجىزىلىك ئالامەتكە ئىشىنىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئالدىنقى مۆجىزىلىك ئالامەتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسا، ئۇلار ئىككىنچى مۆجىزىلىك ئالامەتنىڭ گېپىگە ئىشىنىدۇ».

**9:4** مىس. 19:7

**12:4** مات. 19:10؛ مار. 11:13؛ لۇقا 12:12

بولىمەن، نېمە قىلىش كېرەكلىكىڭلارنى سىلەرگە ئۆگىتىمەن.
[16] ھارۇن سېنىڭ ئورنۇڭدا خەلققە سۆزلەيدۇ؛ شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ ساڭا ئېغىز بولىدۇ، سەن ئۇنىڭغا خۇدادەك بولىسەن. [17] بۇ ھاسىنى قولۇڭغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇ مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسىتىسەن، ــ دېدى.

## مۇسانىڭ مىسىرغا قايتىشى

[18] شۇنىڭ بىلەن مۇسا قېينئاتىسى يەترونىڭ قېشىغا يېنىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: ــ ماڭا ئىجازەت بەرگەيلا، مىسىردىكى قېرىنداشلىرىمنىڭ قېشىغا باراي، ئۇلار ھاياتمۇ، ئەمەسمۇ كۆرۈپ كېلەي، دېدى. يەترو مۇساغا: ــ ئامان-ئېسەن بېرىپ كەلگىن، ــ دېدى.
[19] مۇسا تېخى مىدياندىكى ۋاقتىدا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يەنە: ــ مىسىرغا يېنىپ بارغىن! چۈنكى سېنىڭ جېنىڭنى ئىستىگەن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى، ــ دېدى.
[20] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئايالى ۋە ئوغۇللىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنى بىر ئېشەككە مىندۈرۈپ، مىسىر زېمىنىغا بېرىشقا يولغا چىقتى. ماڭغاندا مۇسا خۇدانىڭ ھاسىسىنى ئالغاچ كەتتى.
[21] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ مىسىرغا يېنىپ بارغىنىڭدا سەن ئاگاھ بول، مەن قولۇڭغا تاپشۇرغان بارلىق كارامەتلەرنى پىرەۋنىنىڭ ئالدىدا كۆرسەتكىن. لېكىن مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خەلقنى قويۇپ بەرمىگۈدەك قاتتىق قىلىمەن.
[22] سەن پىرەۋنگە: ــ «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئىسرائىل مېنىڭ ئوغلۇم، مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم بولىدۇ. [23] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا: ئوغلۇمنى ئۆزۈمگە ئىبادەت قىلىشقا قويۇپ بەر، دېدىم. ئۇنىڭغا يول قويۇشنى رەت قىلىدىغان بولساڭ، سېنىڭ تۇنجى ئوغلۇڭنى

15:4 **«ئەمدى دەيدىغان گەپلەرنى ئۇنىڭغا ئېيت»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ ئاغزىغا دەيدىغان سۆزلەرنى سالغىن».
**15:4** مىس. 2:7

**ئۆلتۈرىمەن» ـ دېگەن، ـ دېدى.**
**[24] ئەمما مۇسا سەپەر قىلىپ بىر قونالغۇغا كەلگەندە، پەرۋەردىگار**
**ئۇنىڭغا ئۇچراپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. [25] شۇنىڭ بىلەن**
**زىپپوراھ بىر چاقماق تېشىنى ئېلىپ، ئوغلىنىڭ خەتنىلىكىنى**
**كېسىپ، ئۇنى ئېرىنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ: ـ سەن دەرۋەقە ئالدىمدا**
**قان تۆكەر ئەر ئىكەنسەن! ـ دېدى.**
**[26] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇنى قويۇپ بەردى (بۇ چاغدا زىپپوراھ**
**ئۇنىڭغا: «سەن دەرۋەقە ئالدىمدا قان تۆكەر بىر ئەر ئىكەنسەن!»**
**ـ دېدى. بۇ سۆزىنى ئۇ خەتنە تۈپەيلىدىن ئېيتتى).**
**[27] پەرۋەردىگار ھارۇنغا: ـ سەن چۆل-باياۋانغا بېرىپ، مۇسا بىلەن**
**كۆرۈشكىن، دېۋىدى، ئۇ بېرىپ خۇدانىڭ تېغىدا ئۇنىڭ بىلەن**
**ئۇچرىشىپ، ئۇنى سۆيدى.**
**[28] مۇسا ئۆزىنى ئەۋەتكەن پەرۋەردىگارنىڭ ھەممە سۆزلىرى بىلەن**
**قىلىشقا بۇيرۇغان بارلىق مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى ھارۇنغا دەپ**
**بەردى. [29] ئاندىن مۇسا بىلەن ھارۇن بېرىپ، ئىسرائىللارنىڭ بارلىق**
**ئاقساقاللىرىنى يىغدى. [30] ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئېيتقان**
**ھەممە سۆزلىرىنى بايان قىلدى ۋە خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ**
**مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسەتتى. [31] بۇنى كۆرۈپ، خەلق ئىشەندى؛**
**پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنى يوقلاپ، ئۇلار ئۇچرىغان خارلىقلارنى**
**كۆرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان، باشلىرىنى ئېگىپ سەجدە قىلىشتى.**

---

23:4 **«ئوغلۇمنى ئۆزۈمگە ئىبادەت قىلىشقا قويۇپ بەر، دېدىم. ئۇنىڭغا يول قويۇشنى رەت قىلدىغان بولساڭ، سېنىڭ تۇنجى ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرىمەن»** ـ ياكى «ئوغلۇمنى ئۆزۈمگە ئىبادەت قىلىشقا قويۇپ بەرگىن دېگەن بولساممۇ، سەن ئۇنى قويۇپ بەرمىدىڭ. بۇ سەۋەبتىن مەن ئەمدى سېنىڭ تۇنجى ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرىمەن».

25:4 **«..خەتنىلىكىنى ... ئايىغىغا تاشلاپ»** ـ ياكى «...خەتنىلىكىنى .... ئايىغىغا تەگكۈزۈپ». **«سەن دەرۋەقە ئالدىمدا قان تۆكەر ئەر ئىكەنسەن!»** ـ زىپپوراھنىڭ بۇ سۆزى ۋە بۇ سىرلىق ۋەقە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

26:4 **«خەتنە تۈپەيلىدىن...»** ـ مۇشۇ يەردە ئىبرانيي تىلىدا «خەتنە» كۆپلۈك شەكلىدە ـ «خەتنىلەر».

## مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پىرەۋن بىلەن كۆرۈشۈشى

5 [1] ئاندىن مۇسا بىلەن ھارۇن پىرەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:
— ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ساڭا: — «ئۇلارنىڭ بېرىپ
چۆلدە ماڭا ئىبادەت قىلىپ، ھېيت ئۆتكۈزۈشىگە قوۋمىمغا يول
قويسۇن» دەيدۇ، — دېدى.
[2] لېكىن پىرەۋن جاۋاب بېرىپ: — ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، مېنى
ئىسرائىلغا يول قويغۇزىدىغان قانداق پەرۋەردىگار ئىكەن ئۇ؟ مەن ئۇ
پەرۋەردىگارنى تونۇمايمەن ھەم ئىسرائىلغىمۇ يول قويمايمەن، دېدى.
[3] ئۇلار سۆز قىلىپ: — ئىبرانىيلارنىڭ خۇداسى بىز بىلەن كۆرۈشتى.
شۇڭا ئۆتۈنىمىزكى، بىزگە پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا قۇربانلىق سۇنۇش
ئۈچۈن بىزگە چۆلگە بېرىشقا ئۈچ كۈنلۈك يولغا رۇخسەت بەرگەيسىز.
بولمىسا، ئۇ بىزنى ۋابا ياكى قىلىچ بىلەن ئۇرۇشى مۇمكىن، — دېدى.
[4] لېكىن مىسىرنىڭ پادىشاھى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: — ئەي مۇسا
ۋە ھارۇن، نېمىشقا ئىككىڭلار خەلقنى ئىشلىرىدىن توختىتىپ
قويماقچى بولىسىلەر؟ بېرىپ ئۆز ئەپكىشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار! — دېدى.
[5] پىرەۋن يەنە: — مانا، خەلق يۇرتتا زىيادە ئاۋۇپ كەتتى. سىلەر
بولساڭلار، ئۇلارنى ئەپكەشلىرىدىن خالاس قىلماقچىسىلەر، دېدى.
[6] شۇ كۈنى پىرەۋن نازارەتچىلەرگە ۋە نازارەتچىلەرنىڭ قول ئاستىدىكى
ئىش باشلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: —
[7] ھازىردىن باشلاپ خەلققە ئىلگىرىكىدەك كېسەك قۇيۇشقا سامان
بەرمەڭلار! ئۇلار سامىنىنى ئۆزلىرى يىغسۇن. [8] لېكىن ئىلگىرى
قانچىلىك كېسەك قۇيۇپ كەلگەن بولسا، ھېلىھەم كەم قىلماي
شۇنچىلىك كېسەك قۇيدۇرۇڭلار؛ چۈنكى ئۇلار ھۇرۇنلىشىپ:
«خۇدايىمىزغا قۇربانلىق ئۆتكۈزۈشكە بىزنى بارغىلى قوي» دەپ
غەلۋە قىلىشىۋاتىدۇ. [9] ئەمدى ئۇلارنى ئۆز ئىشىغا تولۇق بەند بولۇپ،
يالغان-ياۋىداق گەپلەرگە قۇلاق سالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ ئادەملەرنىڭ

2:5 مىس. 19:3؛ ئايۇپ 15:21
3:5 مىس. 18:3

ئۇستىگە تېخىمۇ ئېغىر ئەمگەكلەرنى يۈكلەڭلار، ــ دېدى.
[10] شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئۇستىدىكى نازارەتچىلەر بىلەن ئىش باشلىرى چىقىپ خەلققە: پىرەۋن شۇنداق دېدىكى، مەن ئەمدى سىلەرگە سامان بەرمەيدىغان بولدۇم. [11] ئۆزۈڭلار بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۇچۇن قەيەردىن سامان تاپالىساڭلار، شۇ يەردىن ئېلىپ كېلىڭلار؛ لېكىن قىلىدىغان ئىشلىرىڭلار بولسا قىلچىلىكمۇ كېمەيتىلمەيدۇ، ــ دېدى.
[12] بۇنىڭ بىلەن خەلق پۈتكۈل مىسىر زېمىنىغا تارىلىپ، سامانىنىڭ ئورنىغا پاخال يىغىشقا باشلىدى.
[13] نازارەتچىلەر بولسا ئۇلارنى قىستاپ: سىلەرگە سامان بېرىلگەن چاغدىكىدەك هازىرمۇ هەر كۈنلۈك ئىشنى شۇ كۈنى قىلىڭلار، دېدى.
[14] ئىسرائىللارنىڭ ئۇستىگە پىرەۋنىنىڭ نازارەتچىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسرائىللىق ئىش باشلىرى تاياق يېدى ۋە: ــ تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن نېمىشقا كېسەك قۇيۇش ۋەزىپىسىنى بۇرۇنقىدەك توشقۇزۇپ ئورۇنلىمىدىڭلار؟! ــ دەپ تىل ئىشىتتى.
[15] ئاندىن ئىسرائىللىق ئىش باشلىرى پىرەۋنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: نېمىشقا ئۆز قۇللىرىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىدىلا؟ [16] ئۆز قۇللىرىغا هېچ سامان بېرىلمىدى. لېكىن نازارەتچىلەر يەنىلا «كېسەك قۇيىدۇرۇڭلار» دەپ بىزنى بۇيرۇيدۇ. مانا، ئۆز قۇللىرى تاياق يەۋاتىدۇ، ئەمما ئەيىب بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىدە، دەپ پەرياد قىلدى.
[17] لېكىن ئۇ يەنە: ــ سىلەر هۇرۇن ئىكەنسىلەر! هۇرۇن ئىكەنسىلەر! شۇڭا سىلەر: «بېرىپ پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق ئۆتكۈزۈشىمىزگە ئىجازەت بەر دەۋاتىسىلەر. [18] قايتىپ بېرىپ ئىشىڭنى قىلىش! سىلەرگە سامان بېرىلمەيدۇ، بىراق كېسەكلەرنى بەلگىلەنگەن سان بويىچە ئاۋۋالقىدەك تولۇق تاپشۇرۇشىسەن، دېدى. [19] ئىسرائىللىق ئىش باشلىرى پىرەۋنىنىڭ: «سىلەر هەركۈنلۈك ۋەزىپەڭلارنى، يەنى تەلەپ قىلغان كېسەكلەرنى بەلگىلەنگەن ساندىن كېمەيتسەڭلار قەتئىي بولمايدۇ» دېگىنىگە قاراپ، بېشىغا بالا-قازانىڭ

چۈشىدىغانلىقىنى بىلىشتى. [20] ئۇلار پىرەۋىننىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىدا، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىپ شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان مۇسا ۋە هارۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. [21] ئۇلار مۇسا بىلەن هارۇنغا: ــ بىزنى پىرەۋىننىڭ نەزىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ نەزىرىدە سېسىتتىپ، بىزنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇلارنىڭ قولىغا قىلىچ تۇتقۇزغىنىڭلار ئۈچۈن، پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا هۆكۈم قىلسۇن! ــ دېدى.

## خۇدانىڭ ئىسرائىللارنى ئازاد قىلىشقا ۋەدە قىلىشى

[22] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا يېنىپ بېرىپ ئۇنىڭغا: ــ ئەي ئىگەم، نېمىشقا بۇ خەلقنى بالاغا تىقتىڭ؟ سەن نېمە ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتىڭ؟ [23] چۈنكى مەن پىرەۋىننىڭ ئالدىغا كىرىپ سېنىڭ نامىڭ بىلەن سۆز قىلغىنىمدىن تارتىپ، ئۇ بۇ خەلقنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ زىيادە ئازاب قىلغىلى تۇردى. ئەمما سەن تېخىچە قۇۋمىڭنى هېچ قۇتقۇزمىدىڭ، ــ دېدى.

6 [1] لېكىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ ئەمدى سەن مېنىڭ پىرەۋىنگە قىلىدىغانلىرىمنى كۆرىسەن؛ چۈنكى ئۇ قۇدرەتلىك بىر قولدىن مەجبۇرلىنىپ، ئۇلارنى قويۇپ بېرىدۇ، قۇدرەتلىك بىر قولنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ زېمىنىدىن ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ، ــ دېدى.

[2] ئاندىن خۇدا مۇساغا يەنە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن. [3] مەن ئىبراھىمغا، ئىسهاققا ۋە ياقۇپقا قادىر-مۇتلەق تەڭرى سۈپىتىدە كۆرۈندۇم؛ لېكىن «ياھۋەھ» دېگەن نامىم

---

21:5 **«ئەمەلدارلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خىزمەتكارلىرى» ياكى «قۇللىرى». گەرچە مۇشۇ كىشىلەر پىرەۋىننىڭ ئوردىسىدا ئەمەلدارلىق ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا پىرەۋىننىڭ «قۇللىرى» دەپ هېسابلانغان بولسا كېرەك.

بىلەن ئۇلارغا ئاشكارا تونۇلمىدىم. [4] مەن ئۇلار بىلەن: ــ «سىلەر
مۇساپىر بولۇپ ئولتۇرغان زېمىننى، يەنى قانائان زېمىنىنى سىلەرگە
بېرىمەن» دەپ، ئۇلار بىلەن ئەھدە باغلىشىپ ۋەدە قىلغانمەن.
[5] ئەمدى مەن مىسىرلىقلار قۇل قىلىپ زۇلۇم سالغان ئىسرائىللارنىڭ
ئاھ-زارلىرىنى ئاڭلاپ، قىلغان شۇ ئەھدەمنى ئېسىمگە ئالدىم.
[6] شۇڭا ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ــ «مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن؛ مەن
ئۆزۈم سىلەرنى مىسىرلىقلارنىڭ ئېغىر يۈكلىرى ئاستىدىن چىقىرىپ،
ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىپ، قولۇمنى ئۇزىتىپ ئۇلارغا چوڭ
بالايىئاپەتلەرنى چۈشۈرۈپ، سىلەرگە ھەمجەمەت بولۇپ ھۆرلۈككە ئې
رىشتۈرىمەن. [7] سىلەرنى ئۆز قوۋمىم بولۇشقا قوبۇل قىلىمەن ۋە ئۆزۈم
خۇدايىڭلار بولىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۆزۈڭلارنى مىسىرلىقلارنىڭ
يۈكلىرىنىڭ ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ چىقارغۇچىنىڭ مەن خۇدايىڭلار
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. [8] مەن شۇنىڭ بىلەن سىلەرنى
قول كۆتۈرۈپ ئىبراھىمغا، ئىسھاققا ۋە ياقۇپقا بېرىشكە قەسەم
قىلغان زېمىنغا ئېلىپ بارىمەن؛ مەن ئۇ يەرنى سىلەرگە مىراس قىلىپ
زېمىنلىققا بېرىمەن؛ مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن».
[9] بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسا ئىسرائىللارغا دەپ بەردى؛ لېكىن ئۇلار
ئېغىر قۇللۇق ئازابىدىن پىغانغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇلاق
سالمىدى.
[10] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە: ــ [11] بېرىپ مىسىرنىڭ پادىشاھى
پىرەۋنگە: «ئىسرائىللارنىڭ زېمىنىدىن كېتىشىگە يول قوي»، دەپ
ئېيتقىن، دېدى.
[12] لېكىن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا: مانا، ئىسرائىللار ماڭا قۇلاق

3:6 **«ياھۋەھ»** ــ مۇشۇ نامنى ئادەتتە «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. «ياھۋەھ» دېگەن نامىم بىلەن ئۇلارغا ئاشكارا تونۇلمىدىم» دېگەن سۆزلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

6:6 **«سىلەرگە ھەمجەمەت بولۇپ ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىمەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «گائال» دېگەن بىر پېئىل بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ پېئىل توغرۇلۇق «تەبىرلەر» ۋە «ئايۇپ» 25:19 ۋە ئىزاھاتىنىمۇ كۆرۈڭ.

9:6 **«پىغانغا چۈشكەن بولۇپ،...»** ــ ياكى «سەۋرسىزلىكتىن چىدىماي،...».

سالمىغان يەردە، پىرەۋن قانداقمۇ مەندەك كالپۇكى خەتنە قىلىنمىغان
بىر ئادەمگە قۇلاق سالسۇن؟ ــ دېدى.
[13] ئەمما پەرۋەردىگار مۇسا ۋە ھارۇنغا سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ
ئىسرائىللارغا ۋە مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋنگە ئىسرائىللار
توغرۇلۇق: ــ «ئۇلار مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىرىلسۇن» دېگەن
ئەمر يەتكۈزۈشىنى بۇيرۇدى.

## مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ ئەجدادلىرى، نەسەبنامىسى

[14] تۆۋەندىكىلەر جەمەت باشلىقلىرى: ــ ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى
بولغان رۇبەننىڭ ئوغۇللىرى ھانوق، پاللۇ، ھەزرون ۋە كارمى. بۇلار
بولسا رۇبەننىڭ نەسىللىرى ئىدى.
[15] شىمېئوننىڭ ئوغۇللىرى: ــ يەمۇئەل، يامىن، ئوھاد، ياقىن، زوھار
ۋە قانائانلىق ئايالدىن بولغان سائۇللار ئىدى؛ بۇلار شىمېئوننىڭ
نەسىللىرى ئىدى.
[16] لاۋىينىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى، نەسەبنامىلىرىگە ئاساسەن:
گەرشون، كوھات ۋە مەرارى؛ لاۋىينىڭ ئۆمرىنىڭ يىللىرى بىر يۈز
ئوتتۇز يەتتە يىل بولدى.
[17] گەرشوننىڭ ئوغۇللىرى ئائىلىلىرى بويىچە: ــ لىبنى ۋە شىمەي.
[18] كوھاتنىڭ ئوغۇللىرى: ــ ئامرام، يىزھار، ھېبرون بىلەن ئۇززىئەل.
كوھات بىر يۈز ئوتتۇز ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆردى.

---

**12:6 «كالپۇكى خەتنە قىلىنمىغان»** ــ بۇ سۆزلەر بىلەن مۇسا ئۆزىنىڭ ئاغزى كالۋا بولۇپلا قالماي، يەنە (ئۆزىنىڭ 4:10-17دە خاتىرىلەنگەن خۇداغا بولغان قاقشاشلىرىنى ئەسلەپ) ئۆزىنىڭ خۇدا ئالدىدا خېلى نالايىق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، گەپ-سۆزدە گۇناھى بار ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسەتمەكچى.

**14:6** يار. 9:46؛ چۆل. 5:26؛ 1تار. 3:5

**15:6** يار. 10:46؛ چۆل. 12:26؛ 1تار. 24:4

**16:6** يار. 11:46؛ چۆل. 17:3؛ 57:26؛ 1تار. 1:6-30

**17:6** 1تار. 2:6؛ 7:23

**18:6** 1تار. 3:6؛ 12:23

[19] مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى: ــ ماھلى ۋە مۇشى. بۇلار نەسەبنامىلىرى
بويىچە لاۋىيىنىڭ نەسىللىرى ئىدى.

[20] ئامرام ئۆز ھاممىسى يوكەبەدنى خوتۇنلۇققا ئالدى، يوكەبەد ئۇنىڭغا
ھارۇن ۋە مۇسانى تۇغۇپ بەردى. ئامرام بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە يىل ئۆمۈر
كۆردى.
[21] يىزھارنىڭ ئوغۇللىرى: ــ كوراھ، نەفەگ ۋە زىكرى ئىدى.
[22] ئۇززىئەلنىڭ ئوغۇللىرى: ــ مىشائەل، ئەلزافان ۋە سىترى ئىدى.
[23] ھارۇن بولسا ناھشوننىڭ سىڭلىسىنى، يەنى ئاممىنادابنىڭ قىزى
ئېلىشېبانى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئۇ ئۇنىڭغا ناداب بىلەن ئابىھۇنى، ۋە
ئەلئازار بىلەن ئىتامارنى تۇغۇپ بەردى.
[24] كوراھنىڭ ئوغۇللىرى: ــ ئاسسىر، ئەلكاناھ ۋە ئابىئاساف؛ بۇلار
كوراھلارنىڭ نەسىللىرى ئىدى.
[25] ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازار پۇتىئەلنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرىنى
خوتۇنلۇققا ئالدى؛ ئۇ ئۇنىڭغا فىنىھاسنى تۇغۇپ بەردى؛ بۇلار بولسا
ئۆز نەسەبى بويىچە ھەممىسى لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى
ئىدى.
[26] پەرۋەردىگارنىڭ: ــ ئىسرائىللارنى قوشۇنلاردەك توپ-توپى
بىلەن مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىڭلار، دېگەن ئەمرىنى
تاپشۇرۇۋالغۇچىلار دەل مۇشۇ ھارۇن بىلەن مۇسا ئىدى. [27] ئىسرائىللار
مىسىردىن چىقىرىلسۇن، دەپ مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋنگە سۆز
قىلغانلار دەل بۇ كىشىلەر، يەنى مۇشۇ مۇسا بىلەن ھارۇن ئىدى.

---

**19:6** 1تار. 4:6؛ 21:23

**20:6 «ئامرام ئۆز ھاممىسى يوكەبەدنى خوتۇنلۇققا ئالدى»** ــ شۇ چاغدا ئۆز ھاممىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش مەنئى قىلىنغان ئەمر («لاۋ.» 18:12-23) ئىسرائىلغا تېخى بېرىلمىگەندى.

**20:6** مىس. 2:1؛ چۆل. 59:26

**23:6** چۆل. 2:3؛ 60:26؛ 1تار. 29:5؛ 1:24

## ھارۇننىڭ مۇساغا ۋاكالىتەن سۆزلىشى

[28] پەرۋەردىگار مىسىرنىڭ زېمىنىدا مۇساغا سۆز قىلغان ۋاقىتتا
[29] مۇساغا: «مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن. ساڭا ئېيتقىنىمنىڭ ھەممىسىنى
مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋۇنگە دېگىن»، دەپ ئەمر قىلدى.
[30] لېكىن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا: ــ مەندەك كالپۇكى خەتنە
قىلىنمىغان بىر كىشىگە پىرەۋۇن قانداقمۇ قۇلاق سالسۇن؟» ــ دەپ
جاۋاب بەرگەنىدى.

7 [1] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ مانا، مەن پىرەۋۇننىڭ ئالدىدا
سېنى خۇدانىڭ ئورنىدا قىلدىم. ئاكاڭ ھارۇن بولسا سېنىڭ
پەيغەمبىرىڭ بولىدۇ. [2] مەن ساڭا بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا
دەيسەن؛ ئاندىن ئاكاڭ ھارۇن پىرەۋۇنگە ئۇنىڭ ئۆز زېمىنىدىن ئىسرائىللارنى
قويۇپ بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا سۆز قىلىدۇ. [3] لېكىن مەن
پىرەۋۇننىڭ كۆڭلىنى قاتتىق قىلىمەن؛ بۇنىڭ بىلەن مەن مىسىر زېمىنىدا
مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلىرىمنى كۆپلەپ كۆرسىتىمەن.
[4] شۇنداقتىمۇ، پىرەۋۇن سىلەرگە قۇلاق سالمايدۇ. ئەمما مەن مىسىرنىڭ
ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىپ قولۇمنى ئۇزىتىپ، چوڭ بالايىئاپەتلەرنى
چۈشۈرۈپ، قوشۇنلىرىم بولغان ئۆز قوۋمىم ئىسرائىللارنى مىسىر
زېمىنىدىن چىقىرىمەن. [5] ئۆز قولۇمنى مىسىرنىڭ ئۈستىگە سوزغىنىمدا،
ئىسرائىللارنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقارغىنىمدا مىسىرلىقلار مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ، ــ دېدى.
[6] مۇسا بىلەن ھارۇن شۇنداق قىلدى؛ پەرۋەردىگار ئۇلارغا قانداق
تاپىلىغان بولسا، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلدى.

---

**30:6** مىس. 12:6؛ مىس. 10:4

**2:7 «ھارۇن بولسا سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ بولىدۇ»** ــ دېمەك، ھارۇن ئۆزى مۇسانىڭ سۆزلىرىنى پىرەۋۇنگە ياكى خەلققە يەتكۈزىدۇ.

**2:7** مىس. 14:4

[7]ئۇلار پىرەۋنگە سۆز قىلغان ۋاقىتتا مۇسا سەكسەن ياشقا، هارۇن سەكسەن ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى.

## هارۇننىڭ هاسىسى

[8]پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن هارۇنغا سۆز قىلىپ: ــ
[9]ئەمدى پىرەۋن سىلەرگە: ــ ئۆزۈڭلارنى تەستىقلاپ بىر مۆجىزە كۆرسىتىڭلار، دېسە، سەن هارۇنغا: ــ هاساڭنى ئېلىپ پىرەۋننىڭ ئالدىغا تاشلىغىن، دەپ ئېيتقىن. شۇنداق قىلىشى بىلەنلا هاسا يىلانغا ئايلىنىدۇ، دېدى.
[10]شۇنىڭ بىلەن، مۇسا بىلەن هارۇن پىرەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنىدەك قىلدى؛ هارۇن هاسىسىنى پىرەۋن بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىۋىدى، ئۇ يىلانغا ئايلاندى. [11]ئۇ ۋاقىتتا پىرەۋن دانىشمەنلىرى ۋە سېھىرگەرلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى؛ مىسىرنىڭ جادۇگەرلىرىمۇ ئۆز جادۇسى بىلەن ئوخشاش ئىشنى قىلدى. [12]ئۇلارنىڭ هەربىرى ئۆز هاسىسىنى تاشلىدى؛ ئۇلارمۇ يىلانغا ئايلاندى. لېكىن هارۇننىڭ هاسىسى ئۇلارنىڭ هاسىلىرىنى يۇتۇپ كەتتى. [13]بىراق پەرۋەردىگار ئېيتقاندەك پىرەۋننىڭ كۆڭلى قاتتىقلىق بىلەن پەرۋەردىگار ئېيتقاندەك ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى.

## بىرىنچى ئاپەت ـ قان ئاپىتى

[14]ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ پىرەۋننىڭ كۆڭلى قاتتىق؛ ئۇ قوۋمنى قويۇپ بېرىشنى رەت قىلىدۇ. [15]ئەمدى سەن ئەتە سەھەردە پىرەۋننىڭ قېشىغا بارغىن (شۇ ۋاقىتتا ئۇ سۇ بويىغا چىقىدۇ) ــ سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە دەريانىڭ بويىدا ساقلاپ تۇرغىن؛ يىلانغا ئايلانغان هاسىنى قولۇڭغا ئېلىۋال. [16]سەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: ــ «ئىبرانىيلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مېنى ئالدىڭغا:

10:7 **«پىرەۋننىڭ ئەمەلدارلىرى»** ــ مەزكۇر كىتابتا «پىرەۋننىڭ ئەمەلدارلىرى» ئىبرانىي تىلىدا «خىزمەتكارلىرى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

«چۆلدە ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن قوۋمىمنى قويۇپ بەر» دېيىشكە
ئەۋەتكەنىدى؛ لېكىن مانا، بۇ ۋاقىتقىچە ھېچ ئاڭلىمىدىڭ. [17] شۇڭا
پەرۋەردىگار ساڭا: ــ «سەن شۇ ئالامەت بىلەن مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن»، دەيدۇ ــ مانا، مەن قولۇمدىكى ھاسا
بىلەن دەريانىڭ سۈيىنى ئۇرسام، سۇ قانغا ئايلىنىدۇ، [18] دەريانىڭ
بېلىقلىرى ئۆلۈپ، دەريانىڭ سۈيى سېسىپ كېتىدۇ؛ مىسىرلىقلار
سۇدىن سەسكىنىپ، ئىچەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ».
[19] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە: ــ سەن ھارۇنغا: ــ ھاساڭنى ئېلىپ
مىسىرلىقلارنىڭ سۇلىرى قانغا ئايلانسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە،
يەنى ئېقىنلىرى، ئۆستەڭلىرى، كۆللىرى ۋە سۇ ئامبارلىرى ئۈستىگە
قولۇڭنى ئۇزاتقىن. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل مىسىر زېمىنىدا، ھەتتا
ياغاچ ۋە تاش قاچىلاردىكى سۇلارمۇ قانغا ئايلىنىدۇ، دېگىن، دېدى.
[20] مۇسا بىلەن ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنىدەك قىلدى؛ ھارۇن
پىرەۋن ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ھاسىنى كۆتۈرۈپ، دەريانىڭ
سۈيىنى ئۇرۇۋىدى، پۈتۈن دەريانىڭ سۈيى قانغا ئايلىنىپ كەتت
ى. [21] دەريادىكى بېلىقلار ئۆلۈپ، دەريانىڭ سۈيى سېسىپ كەتتى.
مىسىرلىقلار دەريانىڭ سۈيىنى ئىچەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، پۈتكۈل
مىسىر زېمىنى قانغا تولدى. [22] لېكىن مىسىرنىڭ جادۇگەرلىرىمۇ
ئۆز جادۇلىرى بىلەن ھەم شۇنداق قىلدى. بۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگار
ئېيتقاندەك پىرەۋننىڭ كۆڭلى قاتتىق بولۇپ، ئۇلارغا قۇلاق
سالمىدى؛ [23] ئەكسىچە پىرەۋن ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ، بۇ ئىشقا ھېچ
پىسەنت قىلمىدى. [24] دەريانىڭ سۈيىنى ئىچەلمىگىنى ئۈچۈن بارلىق
مىسىرلىقلار ئىچكۈدەك سۇ تېپىش ئۈچۈن دەريانىڭ ئەتراپلىرىنى
كولىدى.
[25] پەرۋەردىگار دەريانى ئۇرۇپ، يەنە يەتتە كۈن ئۆتتى.

---

**20:7** مس. 5:17؛ زەب. 44:78؛ 29:105

## ئىككىنچى ئاپەت ـ پاقا ئاپىتى

8 [1] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ـ پىرەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:
ـ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ «ماڭا ئىبادەت قىلىشقا ئۆز قوۋمىمنى
قويۇۋەت دەپ ئېيت. [2] لېكىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى رەت قىلساڭ، مانا، مەن
دۆلىتىڭنىڭ ھەممە يېرىنى پاقىلار بىلەن باستۇرۇپ ئۇرىمەن. [3] دەريادا
توپ-توپ پاقىلار پەيدا بولۇپ، دەريادىن چىقىپ ئوردىڭغا، ھۇجراڭغا،
ئورۇن-كۆرپەڭگە، ئەمەلدارلىرىڭنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىۋالىدۇ،
شۇنىڭدەك خەلقىڭنىڭ ئۈچىسىغا، تونۇر ۋە تەڭنىلىرىڭگە
يامىشىپ چىقىۋالىدۇ. [4] پاقىلار ئۆزۈڭنىڭ ئۈستىبېشىغا، خەلقىڭنىڭ
ئۈستىبېشىغا ۋە ھەممە ئەمەلدارلىرىڭنىڭ ئۈستىبېشىغا يامىشىپ
چىقىۋالىدۇ» ـ دېگىن، ـ دېدى. [5] پەرۋەردىگار مۇساغا: ـ سەن ھارۇنغا:
پاقىلارنىڭ مىسىر زېمىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىشى ئۈچۈن قولۇڭنى
ئۇزىتىپ، ھاساڭنى ئېقىنلار، ئۆستەڭلەر ۋە كۆللەرنىڭ ئۈستىگە
شىلتىغىن، دېگىن ـ دېدى. [6] شۇنىڭ بىلەن ھارۇن قولىنى مىسىرنىڭ
سۇلىرى ئۈستىگە ئۇزاتتى؛ شۇنداق قىلىۋىدى، پاقىلار چىقىپ مىسىر
زېمىنىنى قاپلىدى. [7] لېكىن جادۇگەرلەرمۇ ئۆز جادۇلىرى بىلەن
ئوخشاش ئىشنى قىلىپ، مىسىر زېمىنى ئۈستىگە پاقىلارنى پەيدا
قىلدى. [8] پىرەۋن مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ: ـ پاقىلارنى مەندىن
ۋە خەلقىمدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن ئۆتۈنۈڭلار. شۇنداق
بولسا، مەن خەلقىڭنى پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق قىلسۇن دەپ قويۇۋېتىپ
بېرىمەن، دېدى.
[9] مۇسا پىرەۋنگە: ـ بوپتۇ، مەن ئىززىتىڭنى قىلاي، پەقەت دەريادىكى
پاقىلارلا قېلىپ، باشقىلىرى ئۆزۈڭدىن ۋە ئۆيلىرىڭدىن ئايرىلسۇن
دەپ، سەن، ئەمەلدارلىرىڭ ۋە خەلقىڭ ئۈچۈن مېنىڭ دۇئا قىلىدىغان
ۋاقتىمنى بېكىتكىن، دېدى.
[10] ئۇ جاۋاب بېرىپ: ـ ئەتە بولسۇن، دېدى.

---

3:8 **«ئورداڭغا»** ــ ياكى «ئۆيۈڭگە».

9:8 **«مەن ئىززىتىڭنى قىلاي»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «مەندىن ئىززەتكە مۇيەسسەر بولغىن».

مۇسا ئۇنىڭغا: ــ خۇدايىمىز پەرۋەردىگارغا ئوخشاش ھېچبىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشىڭ ئۈچۈن سىنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن. [11] پاقىلار سەندىن، ئۆيلىرىڭدىن، ئەمەلدارلىرىڭ ۋە خەلقىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ؛ پەقەت دەريادىلا قالىدۇ، دېدى.
[12] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ۋە ھارۇن پىرەۋننىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتى. ئاندىن مۇسا پىرەۋننىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىلگەن پاقىلار توغرىسىدا پەرۋەردىگارغا نىدا قىلدى.
[13] پەرۋەردىگار مۇسانىڭ تىلىگىنىدەك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆيلەردىكى، ھويلىلاردىكى ۋە ئېتىزلاردىكى پاقىلار ئۆلدى.
[14] خەلق ئۇلارنى يىغىپ دۆۋە-دۆۋە قىلدى، پۈتكۈل يۇرت-زېمىن سېسىقچىلىققا تولدى. [15] لېكىن پىرەۋن ئاپەتتىن خالاس بولغىنىنى كۆرگەندە، كۆڭلىنى قاتتىق قىلىپ، پەرۋەردىگار ئېيتقىنىدەك ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى.

## ئۈچىنچى ئاپەت ــ پاشا ئاپىتى

[16] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ سەن ھارۇنغا: ــ ھاساڭنى ئۇزىتىپ، يەرنىڭ توپىسىنى ئۇرغىن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ پاشىغا ئايلىنىپ، پۈتكۈل مىسىر زېمىنىنى قاپلايدۇ، دېگىن، ــ دېدى.
[17] ئۇلار شۇنداق قىلدى؛ ھارۇن قولىنى ئۇزىتىپ ھاسىسى بىلەن يەرنىڭ توپىسىنى ئۇرۇۋىدى، ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۈستىبېشىنى پاشا باستى؛ پۈتكۈل مىسىر زېمىنىدىكى توپا-چاڭلار پاشىغا ئايلاندى. [18] جادۇگەرلەرمۇ ئۆز جادۇلىرى بىلەن شۇنداق قىلىپ پاشا پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، پەيدا قىلالمىدى. پاشىلار بولسا ھەم ئادەملەرنىڭ ھەم ھايۋانلارنىڭ ئۈستىبېشىنى

---

**15:8** مىس. 14:7

**16:8** **«پاشىغا»** ــ باشقا خىل تەرجىمىسى: «پىتلار». باشقا خىل ھاشارەتلەرنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**17:8** زەب. 31:105

قاپلاپ كەتتى. [19] ئاندىن جادۇگەرلەر پىرەۋنگە: ــ بۇ ئىش خۇدانىڭ بارمىقىنىڭ قىلغىنى! ــ دېيىشتى. لېكىن پىرەۋن كۆڭلىنى قاتتىق قىلىپ، پەرۋەردىگار ئېيتقىنىدەك ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى.

## تۆتىنچى ئاپەت ـ كۆكۈيۈنلەر ئاپىتى

[20] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ ئەتە سەھەر قوپۇپ پىرەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرغىن ــ (شۇ ۋاقىتتا ئۇ سۇ بويىغا چىقىدۇ) ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۆز قوۋمىمنى قويۇپ بەر!
[21] چۈنكى ئەگەر قوۋمىمنى قويۇپ بەرمىسەڭ، مانا مەن سېنىڭ ۋە ئەمەلدارلىرىڭ، خەلقىڭ ئۈستىگە، ئۆيلىرىڭگە كۆكۈيۈنلەرنى ئەۋەتىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە ھەتتا ئۇلار تۇرۇۋاتقان تۇپراقمۇ كۆكۈيۈنلەر بىلەن تولىدۇ.
[22] لېكىن شۇ كۈنىدە ئۆز قوۋمىم تۇرۇۋاتقان گوشەن يۇرتىنى باشقىچە قىلىمەن؛ شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ يەردە كۆكۈيۈنلەر تېپىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇ زېمىندا بولغانلىقىمنى بىلىسەن.
[23] شۇنداق قىلىپ مەن ئۆز قوۋمىمنى سېنىڭ خەلقىڭدىن پەرقلەندۈرىمەن؛ بۇ مۆجىزىلىك ئالامەت ئەتە يۈز بېرىدۇ»، دەپ ئېيتقىن، دېدى.

[24] پەرۋەردىگار دېگىنىنى قىلدى. پىرەۋننىڭ ئۆيلىرىگە، ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كۆكۈيۈنلەر توپ-توپ بولۇپ كىردى؛ پۈتكۈل مىسىر زېمىنىنىڭ ھەممە يېرى كۆكۈيۈنلەر تەرىپىدىن خاراب

---

21:8 **«كۆكۈيۈنلەر»** ــ بۇلارنىڭ قايسى ھاشارەت ئىكەنلىكى ھازىر بىزگە نامەلۇم. «زەب.» 45:78دە بۇ ھاشارەتلەر ئادەملەرنى چاقىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ، شۇڭا بۇ ھاشارەت كۆكۈيۈن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل چىۋىن بولسا كېرەك.

22:8 **«...سەن مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇ زېمىندا بولغانلىقىمنى بىلىسەن»** ــ ياكى «...سەن مەن پەرۋەردىگارنىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن».

بولۇشقا باشلىدى. [25] پىرەۋن مۇسا بىلەن هارۇننى چاقىرتىپ كېلىپ
ئۇلارغا: بېرىپ مۇشۇ زېمىندا خۇدايىڭلارغا قۇربانلىق ئۆتكۈزۈڭلار، ــ
دېدى. [26] لېكىن مۇسا جاۋاب بېرىپ: ــ بۇنداق قىلىش بىزگە تازا مۇۋاپىق
بولمايدۇ؛ چۈنكى بىز پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا سۇنماقچى بولغان
قۇربانلىق مال مىسىرلىقلارغا نىسبەتەن يىرگىنچلىكتۇر. ئەمدى ئەگەر
بىز مىسىرلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا يامان كۆرۈنگەن نەرسىنى قۇربانلىق
قىلساق ئۇلار بىزنى چالما-كېسەك قىلىۋەتمەمدۇ؟ [27] بىز ئۈچ كۈنلۈك
يولنى بېسىپ، چۆلدە پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزگە بۇيرۇغىنىدەك
ئۇنىڭغا قۇربانلىق سۇنۇشىمىز كېرەك، دېدى.
[28] پىرەۋن: ــ سىلەرنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا چۆلدە قۇربانلىق
ئۆتكۈزۈشكە بارغىلى قويىمەن؛ پەقەت بەك يىراق كېتىپ قالماڭلار،
مېنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار، دېدى. [29] مۇسا جاۋاب بېرىپ: ــ مانا، مەن
سېنىڭ ئالدىڭدىن چىقىپ پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىمەن ۋە كۆكۈيۈنلەر
سەن پىرەۋندىن، ئەمەلدارلىرىڭدىن ۋە خەلقىڭدىن ئەتە چىقىپ كېتىدۇ؛
لېكىن پىرەۋن يەنە هىيلە ئىشلىتىپ، خەلقنى پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق
قىلىشقا بېرىشتىن توسقۇچى بولمىسۇن، دېدى.
[30] مۇسا پىرەۋننىڭ ئالدىدىن چىقىپ، پەرۋەردىگارغا شۇنداق ئىلتىجا
قىلدى. [31] پەرۋەردىگار مۇسا تىلىگىنىدەك قىلدى؛ ئۇ كۆكۈيۈنلەرنى
پىرەۋن، ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقىدىن چىقىرىۋەتتى؛ هەتتا بىر تال
كۆكۈيۈنمۇ قالمىدى.

---

**24:8** زەب. 45:78؛ 31:105

26:8 **«خۇدايىمىزغا سۇنماقچى بولغان قۇربانلىق مال مىسىرلىقلارغا نىسبەتەن يىرگىنچلىكتۇر»** ــ مىسىرلىقلارغا نىسبەتەن «يىرگىنچلىك بولغىنى» قويلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار قويلارنى، شۇنداقلا قويچىلارنىمۇ يىرگىنچلىق دەپ قارىغان؛ لېكىن پايدىنى كۆزلەپ مىسىردىكى بەزى يەرلەردە قوي بېقىلاتتى («يار.» 34:46نى كۆرۈڭ).
—مۇشۇ ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل چۈشەندۈرۈلۈشى بويىچە، مىسىرلىقلار بەزى ماللارغا (مەسىلەن، كالىلارنىڭ بەزى خىللىرىغا) چوقۇناتتى. ئەگەر ئىسرائىللار ئۇلار چوقۇنغان بىرخىل مالنى قۇربانلىق قىلسا، ئۇلار غەزەپلىنەتتى، ئەلۋەتتە.

**26:8** يار. 32:43؛ 34:46

[32] لېكىن پىرەۋن بۇ قېتىممۇ كۆڭلىنى قاتتىق قىلىپ، قوۋمنى قويۇپ
بەرمىدى.

## بەشىنچى ئاپەت ــ ۋابا ئاپىتى

9 [1] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ پىرەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ
ئۇنىڭغا: ــ «ئىبرانىيلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ ماڭا ئىبادەت قىلىشقا ئۆز قوۋمىمنى قويۇپ بەر. [2] ئەگەر
ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى رەت قىلىپ، يەنىلا تۇتۇپ تۇرۇۋالىدىغان
بولساڭ، [3] مانا، پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئېتىزلىقتىكى چارۋىلىرىڭنىڭ
ئۈستىگە، ئات-ئېشەكلەر، تۆگىلەر، ۋە قوي-كالىلىرىڭنىڭ ئۈستىگە
چۈشۈپ ئىنتايىن ئېغىر بىر ۋابا كەلتۈرىدۇ. [4] لېكىن پەرۋەردىگار
ئىسرائىلنىڭ چارۋىلىرىنى مىسىرلىقلارنىڭ چارۋىلىرىدىن
پەرقلەندۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئىسرائىلنىڭ چارۋىلىرىدىن ھېچبىرى
ئۆلمەيدۇ» ــ دېگىن، دېدى. [5] پەرۋەردىگار ۋاقىتنى بېكىتىپ: ــ ئەتە
پەرۋەردىگار زېمىندا بۇ ئىشنى قىلىدۇ، دېدى. [6] ئەتىسى پەرۋەردىگار
شۇنداق قىلدى؛ مىسىرلىقلارنىڭ بارلىق چارۋىلىرى ئۆلدى؛ لېكىن
ئىسرائىللارنىڭ چارۋىلىرىدىن بىرىمۇ ئۆلمىدى. [7] پىرەۋن ئادەم
ئەۋەتىپ تەكشۈرۈۋىدى، مانا، ئىسرائىللارنىڭ چارۋىلىرىدىن بىرىمۇ
ئۆلمىگەنىدى. لېكىن پىرەۋننىڭ كۆڭلى قاتتىق قىلىنىپ، ئۇ قوۋمنى
قويۇپ بەرمىدى.

## ئالتىنچى ئاپەت ــ چاقا ئاپىتى

[8] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇسا ۋە ھارۇنغا: ــ خۇمدانىنىڭ كۈلىدىن
چاڭگىلىڭلارنى توشقۇزۇپ ئېلىڭلار، ئاندىن مۇسا ئۇنى پىرەۋننىڭ
كۆز ئالدىدا ئاسمانغا قارىتىپ چاچسۇن. [9] شۇنداق قىلىشى بىلەن كۈل
پۈتكۈل مىسىر زېمىنىنى قاپلايدىغان چاڭ-توزان بولىدۇ ۋە مىسىر

32:8 مىس. 11:8

زېمىنىدىكى ھەممە يەردە ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىگە چۈشۈشى بىلەن ھۈررەك-ھۈررەك چاقا چىقىرىدۇ، ــ دېدى. 10 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇمداندىن كۈل ئېلىپ، پىرەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇردى ۋە مۇسا ئۇنى ئاسمانغا قارىتىپ چاچتى؛ ئۇ ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىگە چۈشۈشى بىلەن ھۈررەك-ھۈررەك چاقا چىقاردى. 11 جادۇگەرلەر چاقىلار دەستىدىن مۇسانىڭ ئالدىدا تۇرالماي قالدى؛ چۈنكى جادۇگەرلەرنىڭ بەدىنىنىمۇ، باشقا بارلىق مىسىرلىقلارنىمۇ ئوخشاش چاقا بېسىپ كەتكەنىدى. 12 لېكىن پەرۋەردىگار پىرەۋننىڭ كۆڭلىنى قاتتىق قىلدى؛ شۇڭا پەرۋەردىگار دەل مۇساغا ئېيتقىنىدەك ئۇ ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى.

## يەتتىنچى ئاپەت ـ مۆلدۈر ئاپىتى

13 ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ ئەتە تاڭ سەھەر قوپۇپ، پىرەۋننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا: «ئىبرانىيلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ قوۋمىمنى ماڭا ئىبادەت قىلىشقا قويۇپ بەر؛ 14 چۈنكى مەن بۇ قېتىم ھەممە بالايىئاپەتلىرىمنى يۈرىكىڭگە، ئەمەلدارلىرىڭ ۋە پۇقرالىرىڭنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن. بۇنىڭ بىلەن سەن پۈتكۈل يەر يۈزىدە مەندەك باشقا بىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. 15 چۈنكى مەن قولۇمنى ئۇزىتىپ، ئۆزۈڭ ۋە قوۋمىڭنى ۋابا بىلەن ئۇرغان بولسامئىدى، بۇ ۋاقىتقىچە سەن يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كېتەتتىڭ. 16 ھالبۇكى، مېنىڭ سېنى ئورنۇڭغا تىكلىشىمدىكى مەقسىتىم شۇ ئىدىكى، دەل ئۆز قۇدرىتىمنى ساڭا كۆرسىتىش، شۇنداقلا نامىمنىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىدە جاكارلىنىشى ئۈچۈن ئىدى.

17 سەن يەنە قوۋمىمغا چوڭچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى رەت قىلىۋېرەمسەن؟ 18 مانا، ئەتە مۇشۇ ۋاقىتلاردا مىسىر دۆلىتى بىنا بولغاندىن بۇيان ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق مۆلدۈرنى ياغدۇرىمەن. 19 شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ، ھايۋان ۋە ئېتىزدا بار-يوقۇڭنى يىغىپ ئەكىرى سولىغىن؛ چۈنكى ئۆيگە قايتۇرۇلماي سىرتتا قالغان ئادەم

16:9 رىم. 17:9

ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى مۆلدۈرنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ!
ــ دېگىن، دېدى.
[20] بۇنى ئاڭلاپ پىرەۋننىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارىسىدىن پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزىدىن قورققان ھەربىر ئادەم ئۆز قۇللىرى ۋە چارپايلىرىنى يۈگۈرتۈپ
ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەلدى. [21] لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا
ئالمىغانلار ئۆز قۇل ۋە ماللىرىنى تاشقىرىدا قالدۇرۇپ قويدى.
[22] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ مىسىر زېمىنىدىكى ھەر يەردە، ئادەملەر
ئۈستىگە، ماللارنىڭ ئۈستىگە، شۇنداقلا مىسىر زېمىنىدىكى
دالالارنىڭ ھەممە ئوت-چۆپلىرىنىڭ ئۈستىگە مۆلدۈر ياغسۇن
دەپ، ئاسمانغا قاراپ قولۇڭنى كۆتۈرگىن، دېدى. [23] مۇسا شۇنىڭ
بىلەن ھاسىسىنى ئاسمانغا قارىتىپ كۆتۈرۈۋىدى، پەرۋەردىگار
گۈلدۈرمامىنى گۈلدۈرلىتىپ، مۆلدۈر ياغدۇردى، يەر يۈزىدە چاقماق
چېقىندىلىرى چېپىپ يۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ پەرۋەردىگار مىسىر
زېمىنى ئۈستىگە مۆلدۈر ياغدۇردى. [24] مۆلدۈر يېغىپ، مۆلدۈر بىلەن
ئوت ئارىلاش چۈشتى؛ مۆلدۈر شۇنچە ئېغىر بولدىكى، مىسىر دۆلىتى
بىنا بولغاندىن تارتىپ ئۇنداق قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ باقمىغانىدى.
[25] مۆلدۈر پۈتكۈل مىسىر زېمىنىنىڭ ھەر يېرىدە چۈشۈپ، ئىنسان
بولسۇن، ھايۋان بولسۇن، ھەممىسىنى ئۇردى؛ مۆلدۈر ئېتىزدىكى
ھەممە ئوت-چۆپنى ئۇرۇپ، يەردىكى ھەممە دەل-دەرەخلەرنىمۇ
سۇندۇرۇۋەتتى. [26] پەقەت ئىسرائىللار ئولتۇرۇشلۇق گوشەن زېمىنىدىلا
مۆلدۈر ياغمىدى.
[27] پىرەۋن ئادەم ئەۋەتىپ مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ ئۇلارغا: ــ
مەن بۇ قېتىم گۇناھ قىلدىم! پەرۋەردىگار ھەققانىيدۇر؛ سەۋەنلىك
بولسا مەن ۋە خەلقىمدىن ئۆتتى. [28] يەنە بىرىپ پەرۋەردىگاردىن ئۆتۈنۈپ

---

23:9 **«يەر يۈزىدە چاقماق چېقىندىلىرى چېپىپ يۈرەتتى»** ــ ياكى «ئوت يەر يۈزىگە توختاۋسىز چۈشتى».

27:9 **«سەۋەنلىك بولسا مەن ۋە خەلقىمدىن ئۆتتى»** ــ ياكى «مەن ئۆزۈم ۋە خەلقىم رەزىلدۇر».

ئىلتىجا قىلىڭلار! خۇدادىن چىققان بۇ قاتتىق گۈلدۈرمامىلار ۋە مۆلدۈر يېتىپ ئاشتى! سىلەرنى قويۇپ بېرەي؛ سىلەر ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرىۋەرسەڭلار بولمايدۇ، ــ دېدى.
[29] مۇسا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن شەھەردىن چىققاندا، پەرۋەردىگار تەرەپكە قاراپ قوللىرىمنى يېيىپ كۆتۈرىمەن؛ گۈلدۈرمامىلار شۇ هامان بېسىقىپ مۆلدۈر يەنە ياغمايدۇ. يەر يۈزى پەرۋەردىگارنىڭكىدۇر، دەپ بىلىشىڭ ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ. [30] لېكىن سەن ۋە سېنىڭ ئەمەلدارلىرىڭ، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگار خۇدادىن تېخىچە قورقمايۋاتقىنىڭلارنى بىلىمەن، دېدى.
[31] شۇ چاغدا ئارپا باش چىقىرىپ، زىغىر غۇنچىلىغان بولغاچقا، زىغىر ۋە ئارپا مۆلدۈردىن ۋەيران قىلىندى. [32] لېكىن بۇغداي بىلەن قارا بۇغداي كېيىنرەك بىخ چىقارغاچقا، ۋەيران قىلىنمىدى.
[33] مۇسا پىرەۋننىڭ ئالدىدىن كېتىپ، شەھەردىن چىقىپ پەرۋەردىگار تەرەپكە قاراپ قوللىرىنى يېيىپ كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن گۈلدۈرماما ۋە مۆلدۈر توختاپ، يامغۇر يەرگە يەنە تۆكۈلمىدى. [34] ئەمما پىرەۋن يامغۇر، مۆلدۈر ۋە گۈلدۈرمامىلارنىڭ توختىغىنىنى كۆرگەندە، يەنە گۇناھ سادىر قىلدى؛ ئۇمۇ، ئەمەلدارلىرىمۇ كۆڭلىنى قاتتىق قىلىشتى. [35] بۇ تەرىقىدە پىرەۋننىڭ كۆڭلى قاتتىق تۇرۇۋېرىپ، پەرۋەردىگار مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقاندەك، ئىسرائىللارنى قويۇپ بېرىشنى رەت قىلدى.

## سەككىزىنچى ئاپەت ــ چېكەتكە ئاپىتى

10 [1] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ پىرەۋننىڭ ئالدىغا بارغىن؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇ مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسىتىشىم ئۈچۈن پىرەۋننىڭ كۆڭلىنى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ

35:9 مىس. 4:21؛ 7:3

كۆڭلىنى قاتتىق قىلىپ قويدۇم. [2]بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ
مىسىرلىقلارنى قانداق رەسۋا قىلغانلىقىم ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك ئالامەتلىرىمنى سەن ئوغلۇڭنىڭ ئاندىن
نەۋرەڭنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزىسەن. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر، دېدى. [3]شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن ھارۇن
پىرەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: ــ ئىبرانىيلارنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈڭنى ئالدىمدا تۆۋەن تۇتۇشنى
قاچانغىچە رەت قىلىسەن؟ ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن قوۋمىمنى
قويۇپ بەر.
[4]چۈنكى ئەگەر سەن قوۋمىمنى قويۇپ بېرىشنى رەت قىلساڭ، مانا، مەن
ئەتە سېنىڭ يۇرتۇڭغا چېكەتكە ئەۋەتىمەن. [5]ئۇلار سىلەر زېمىن يۈزىنى
كۆرمىگۈدەك قىلىپ يېپىۋېتىدۇ، سىلەرنىڭ مۆلدۈردىن ئامان قالغان
نەرسىلىرىڭلارنىمۇ، دالالاردا ئۆسكەن ھەممە دەل-دەرەخلىرىڭلارنىمۇ
يەپ كېتىدۇ. [6]ئۇلار ئوردا-سارايلىرىڭغا، ئەمەلدارلىرىڭنىڭ
سارايلىرى، شۇنداقلا بارلىق مىسىرلىقلارنىڭ ئۆيلىرىگە تولۇپ
كېتىدۇ؛ بۇنداق ئاپەتنى ئاتا-بوۋاڭلىرىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ ئاتا-
بوۋىلىرىمۇ يەر يۈزىدە ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ كۆرۈپ باقمىغان»
ــ دېدى-دە، بۇرۇلۇپ پىرەۋننىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتى. [7]پىرەۋننىڭ
ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا: ــ بۇ ئادەم بىزگە قاچانغىچە تۇزاق بولار؟
ئۆز خۇداسى پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشقا بۇ ئادەملەرنى قويۇپ
بەرگەيلا! مىسىرنىڭ خاراب بولغىنىنى تېخىچە كۆرمەيۋاتامدىلا؟
ــ دېدى. [8]شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن ھارۇن پىرەۋننىڭ ئالدىغا يەنە
چاقىرتىپ كېلىندى. ئۇ ئۇلارغا: ــ پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىش
ئۈچۈن بېرىڭلار؛ لېكىن بارىدىغانلار زادى كىملەر؟ ــ دېدى.
[9]مۇسا جاۋاب بېرىپ: ــ ياشلىرىمىز ۋە قېرى-چۆرىلەر بىلەن،
ئوغۇللىرىمىز ۋە قىزلىرىمىز بىلەن، قوي ۋە كالا پادىلىرىمىزنى

---

**1:10** مىس. 21:4؛ 34:9

2:10 **«قانداق رەسۋا جازالىغانلىقىم»** ــ ياكى «قاتتىق جازالىغانلىقىم».

ئېلىپ ھەممىمىز بارىمىز؛ چۈنكى بىز پەرۋەردىگار ئۈچۈن ھېيت ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك، دېدى.
10 ئۇ ئۇلارغا: ــ سىلەرنى بالا-چاقاڭلار بىلەن قوشۇپ قويۇپ بەرگىنىمدە، پەرۋەردىگار سىلەر بىلەن بىللە بولغاي! مانا، ئالدىڭلاردا بالايىئاپەت تۇرۇپتۇ! 11 يوقسۇ، بۇنداق قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ! پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشقا پەقەت ئاراڭلاردىن ئەر كىشىلەرلا بارسۇن! چۈنكى سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار دەل شۇ ئەمەسمىدى! ــ دېدى-دە، ئۇلار پىرەۋۇننىڭ ئالدىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.
12 ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ مىسىر زېمىنىنىڭ ئۈستىگە قولۇڭنى ئۇزاتقىن. شۇنداق قىلساڭ، چېكەتكىلەر مىسىر زېمىنىنى بېسىپ، زېمىندىكى ھەرخىل ئۆتياشلارنى، يەنى مۆلدۈردىن ئامان قالغاننىڭ ھەممىسىنى يەپ كېتىدۇ، دېدى.
13 مۇسا ھاسىسىنى مىسىر زېمىنىنىڭ ئۈستىگە ئۇزاتتى؛ پەرۋەردىگار شۇ كۈنى ۋە كېچىسى زېمىن ئۈستىگە شەرق شامىلى چىقاردى. سەھەردە، شەرق شامىلى چېكەتكىلەرنى ئۇچۇرۇپ كەلدى
. 14 چېكەتكىلەر مىسىرنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا يېيىلىپ، مىسىرنىڭ پۈتۈن چېگرىسىنىمۇ باستى. ئاپەت ئىنتايىن ئېغىر بولدى؛ ئىلگىرى بۇنداق چېكەتكە ئاپىتى بولۇپ باقمىغان، مۇندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدەك بولمايدۇ.

10:10 **«پەرۋەردىگار سىلەر بىلەن بىللە بولغاي!»** ــ بۇ تەھدىت سالىدىغان، ناھايىتى كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ، ئەلۋەتتە.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «پەرۋەردىگارنى سىلەر بىلەن بولسۇن دەپ، سىلەرنى بالا-چاقاڭلار بىلەن قوشۇپ قويۇپ بېرەمدىم؟!». **«مانا، ئالدىڭلاردا بالايىئاپەت تۇرۇپتۇ!»** ــ ئىبرانىي تىلدا «يامانلىق»، «ئاپەت» ياكى «بالايىئاپەت» «را» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن مىسىرلىقلارنىڭ مۇھىم ئىلاھى ــ «قۇياش ئىلاھى»نىڭ نامىمۇ «را» بولغاچقا، پىرەۋۇننىڭ سۆزى ئىككى بىسلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ئۇنداق بولغاندا ئىككىنچى مەنىسى: «مېنىڭ ئىلاھىم «را» سىلەرنى جازالايدۇ!» دېگەنلىك بولىدۇ («ئالدىڭلاردا «را» تۇرۇپتۇ!).
—مۇشۇ ئىبارە باشقا تەرجىمىلەردە «مانا، سىلەردە يامان نىيەت بار!» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.
**13:10** زەب. 46:78؛ 35،34:105

[15] ئۇلار پۈتكۈل زېمىنىنىڭ يۈزىنى قاپلىدى، يەر قاراڭغۇلىشىپ كەتتى؛ ئۇلار مۆلدۈردىن ئامان قالغان زېمىندىكى ھەممە ئوتياشلارنى ۋە دەل-دەرەخلەرنىڭ بارلىق مېۋىلىرىنى يەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل مىسىر زېمىنى تەۋەسىدىكى دەل-دەرەخلەردە ياكى دالادىكى گۈل-گىياھلاردا ھېچ يېشىللىق قالمىدى.
[16] ئاندىن پىرەۋن ئالدىراپ-تېنەپ مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ ئۇلارغا: — مەن ھەم خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار ئالدىدا ھەم سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گۇناھ قىلدىم. [17] ئەمدى مۇشۇ بىر قېتىم گۇناھىمدىن ئۆتۈپ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردىن بۇ ئۆلۈمنى مەندىن ئېلىپ كېتىشىنى ئىلتىجا قىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى.
[18] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پىرەۋنىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلدى. [19] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار شامالنى بۇراپ غەرب تەرەپتىن ئىنتايىن كۈچلۈك بوران چىقىرىپ، چېكەتكىلەرنى ئۇچۇرۇپ، قىزىل دېڭىزغا غەرق قىلدى؛ مىسىرنىڭ پۈتكۈل تەۋەسىدە بىر تالمۇ چېكەتكە قالمىدى. [20] لېكىن پەرۋەردىگار پىرەۋنىنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن ئۇ ئىسرائىللارنى قويۇپ بەرمىدى.

## توققۇزىنچى ئاپەت — قاراڭغۇلۇق ئاپىتى

[21] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: — قولۇڭنى ئاسمانغا قارىتىپ ئۇزاتقىن؛ شۇنىڭ بىلەن قاتتىق بىر قاراڭغۇلۇق بولىدۇ، ھەتتا ئادەم سىلىسا قولىغا تۇيۇلغۇدەك قويۇق قاراڭغۇلۇق مىسىر زېمىنىنى قاپلايدۇ، — دېدى.
[22] ئاندىن مۇسا قولىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئۇزارتتى، قويۇق بىر قاراڭغۇلۇق مىسىر زېمىنىنى ئۈچ كۈنگىچە قاپلاپ تۇردى. [23] ئۈچ كۈنگىچە بىرى يەنە بىرىنى كۆرەلمەس ۋە يا ھېچكىم ئۆز جايىدىن قوزغالالماس بولدى؛ لېكىن بارلىق ئىسرائىللار ئولتۇرغان جايلاردا يورۇقلۇق بار ئىدى. [24] پىرەۋن مۇسانى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: — بېرىپ،

پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشلار. پەقەت قوي ۋە كالا پادىلىرىڭلار قالسۇن؛ بالا-چاقىلىرىڭلارنىمۇ ئېلىپ بارساڭلار بولىدۇ، دېدى.
[25] مۇسا جاۋابەن: ــ ئۇنداقتا خۇدايىمىز پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق قىلىشقا ئىناقلىق قۇربانلىقى ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىقىغا لازىملىق چارپايلارنى سەن بىزگە بېرەمسەن؟
[26] ئۆزىمىزنىڭ چارپايلىرىمىز بىز بىلەن بىرگە كېتىشى كېرەك، بىر تۇيىقمۇ كەينىدە قالسا بولمايدۇ؛ چۈنكى خۇدايىمىز پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشقا قۇربانلىق قىلىدىغىنىمىزنى بۇلاردىن تاللىشىمىز لازىم. ئۇ يەرگە يېتىپ بارمىغۇچە، پەرۋەردىگارغا قايسى قۇربانلىقلار بىلەن ئىبادەت قىلىدىغىنىمىزنى بىلمەيمىز، ــ دېدى.
[27] لېكىن پەرۋەردىگار پىرەۋننىڭ كۆڭلىنى قاتتىق قىلدى؛ ئۇ ئۇلارنى يەنىلا قويۇپ بەرمىدى. [28] پىرەۋن مۇساغا: ــ ئالدىمدىن يوقال! ھېزى بول، ئىككىنچى ماڭا كۆرۈنگۈچى بولما! چۈنكى يۈزۈمنى يەنە كۆرگەن كۈنۈڭ جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، ــ دېدى.
[29] مۇسا ئۇنىڭغا: ــ راست ئېيتتىڭ! مەن سېنىڭ يۈزۈڭنى ئىككىنچى كۆرگۈچى بولمايمەن، ــ دېدى.

## ئونىنچى ئاپەت ـ پۈتۈن مىسىردىكى تۇنجى باللارنىڭ ئۆلۈشى. مۇسانىڭ پىرەۋنگە ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلىرى

11 [1] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ يەنە بىر ئاپەتنى پىرەۋننىڭ ئۈستىگە ۋە مىسىرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرىمەن. ئاندىن ئۇ سىلەرنى بۇ يەردىن كېتىشكە يول قويىدۇ ۋە ئۇ سىلەرنى ھەممە نەرسىلىرىڭلار بىلەن قوشۇپ قويۇپ بېرىپ، بۇ يەردىن مۇتلەق

---

25:10 **«بىزگە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قۇللىرىمىزغا». **«بىزگە بېرەمسەن؟»** ــ ياكى «بىزگە بېرىشىڭ كېرەك!».
29:10 ئىبر. 27:11

قوغلاپ چىقىرىدۇ. [2]ئەمدى سەن خەلققە تاپىلاپ: ــ ھەر بىرىڭلار، ئەر
كىشىلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز قوشنىسىدىن، ئايال كىشىلەرنىڭ ھەربىرى
ئۆز قوشنىسىدىن كۈمۈش بۇيۇملارنى، ئالتۇن بۇيۇملارنى سوراپ
ئالسۇن، دېگىن، ــ دېدى [3](پەرۋەردىگار خەلقنى مىسىرلىقلارنىڭ
ئالدىدا ئىلتىپات تاپقۇزدى. شۇنىڭدەك مۇسا دېگەن بۇ ئادەم مىسىر
زېمىنىدا پىرەۋننىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ نەزىرىدە بولسۇن، پۇقرالارنىڭ
نەزىرىدە بولسۇن، ناھايىتى ئۇلۇغ زات بولدى). [4]ئاندىن مۇسا يەنە: ــ
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مەن يېرىم كېچىدە چىقىپ مىسىرنى
كېزىپ چىقىمەن. [5]شۇ ۋاقىتتا تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان پىرەۋننىڭ
تۇنجى ئوغلىدىن تارتىپ يارغۇنچاق تارتىدىغان دېدەكنىڭ تۇنجى
ئوغلىغىچە، شۇنداقلا بارلىق چارپايلارنىڭ تۇنجىلىرى، يەنى
مىسىردىكى بارلىق تۇنجى جان ئىگىلىرى ئۆلىدۇ. [6]بۇ سەۋەبتىن
پۈتكۈل مىسىر زېمىنىدا قاتتىق بىر پەرياد كۆتۈرۈلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن
ئىلگىرى شۇنداق پەرياد بولۇپ باقمىغانىدى، مۇندىن كېيىنمۇ
بۇنداق پەرياد ئاڭلانمايدۇ. [7]لېكىن ئىسرائىللارغا، مەيلى ئادەملىرى،
مەيلى ھايۋاناتلىرىغا بولسۇن، ھەتتا بىر تال ئىتمۇ قاۋاپ قويمايدۇ.
بۇنىڭدىن پەرۋەردىگارنىڭ مىسىرلىقلار بىلەن ئىسرائىلنى
پەرقلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر».
[8]ــ شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەمەلدارلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئالدىمغا كېلىپ،
ماڭا تەزىم قىلىپ: «سىلى ئۆزلىرى ۋە سىلىگە ئەگەشكەن بارلىق
قوۋملىرى چىقىپ كېتىشكەيلا!» دەپ ئېيتىدۇ، ئاندىن چىقىپ

---

1:11 **«يەنە بىر ئاپەتنى پىرەۋننىڭ ئۈستىگە ۋە مىسىرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرىمەن...» ــ** بۇ سۆزلەرنى مۇسا تېخى پىرەۋننىڭ ئالدىدىن چىقماي تۇرۇپ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئېيتقان بولسا كېرەك (8-ئايەتنى كۆرۈڭ).

2:11 **«خەلققە تاپىلاپ...» ــ** ئىبرانىي تىلدا «خەلقنىڭ قۇلاقلىرىغا سۆز قىلىپ...».

**2:11** مىس. 22:3؛ 35:12

**3:11** مىس. 36:12

**4:11** مىس. 29:12

**5:11** مىس. 12:12

كېتمەن» ــ دېدى-دە، قاتتىق غەزەپ بىلەن پىرەۋننىڭ ئالدىدىن
چىقىپ كەتتى.
[9] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ مىسىر زېمىنىدا مېنىڭ كارامەت
مۆجىزىلىرىمنىڭ كۆپلەپ كۆرسىتىلىشى ئۈچۈن پىرەۋن سىلەرگە
قۇلاق سالمايدۇ، ــ دېگەنىدى.
[10] مۇسا بىلەن هارۇن بۇ كارامەت مۆجىزىلەرنىڭ هەممىسىنى
پىرەۋننىڭ ئالدىدا كۆرسىتىپ بولدى؛ لېكىن پەرۋەردىگار پىرەۋننىڭ
كۆڭلىنى قاتتىق قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن ئۇ ئىسرائىللارنى ئۆز
زېمىنىدىن كەتكىلى قويمىدى.

## ئۆتۈپ كېتىش هېيتى

12 [1] پەرۋەردىگار مىسىر يۇرتىدا مۇسا ۋە هارۇنغا مۇنداق دېدى: ــ
[2] بۇ ئاي سىلەرگە ئايلارنىڭ ئىچىدە بېشى، يىلنىڭ تۇنجى
ئېيى بولىدۇ. [3] سىلەر پۈتۈن ئىسرائىل جامائىتىگە سۆز قىلىپ: ــ
بۇ ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى هەممىڭلار ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئائىلىسى
بويىچە بىر قوزىنى ئېلىڭلار؛ هەربىر ئائىلىگە بىردىن قوزا ئېلىڭلار.
[4] ئەگەر مەلۇم بىر ئائىلە بىر قوزىنى يەپ بولالمىغۇدەك بولسا، ئۇنداقتا
ئۆي ئىگىسى يېنىدىكى قوشنىسى بىلەن بىرلىشىپ ئادەم سانىغا

8:11 «ــ شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەمەلدارلىرىڭنىڭ هەممىسى ئالدىمغا كېلىپ، ماڭا تەزىم قىلىپ... ئاندىن چىقىپ كېتىمەن» ــ دېدى-دە، قاتتىق غەزەپ بىلەن پىرەۋننىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتى» ــ 1-8-ئايەتتە خاتىرىلەنگەنلەر مۇسا بىلەن پىرەۋننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان جېدەل (10-بابتا خاتىرىلگەن)نىڭ داۋامى بولسا كېرەك.

**8:11** مىس. 30:12

**10:11** مىس. 16:9؛ رىم. 17:9

2:12 «**بۇ ئاي سىلەرگە ... يىلنىڭ تۇنجى ئېيى بولىدۇ**» ــ بۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى خۇدانىڭ خەلقى ئۈچۈن يىلنىڭ بېشى كۈزدە (سېنتەبىردە) باشلىناتتى (مۇقەددەس كىتابتا بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بارلىق ۋاقىتلار شۇنداق هېسابلىناتتى). ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەللەرنىڭ هەممىسىنىڭ شۇنداق كالېندارى بار ئىدى

3:12 «**قوزا**» ــ ئىبرانىي تىلىدا «قوزا» دېگەن سۆز ئوغلاقنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قاراپ بىر قوزا ئېلىڭلار؛ ھەربىر كىشىنىڭ ئىشتىھاسىغا قاراپ
ھېسابلاپ مۇۋاپىق بىر قوزا ھازىرلاڭلار. 5 ھەربىرىڭلار تاللايدىغان
قوزاڭلار بېجىرىم، بىر ياشلىق ئەركەك بولسۇن؛ قوي ياكى ئۆچكە
پادىلىرىدىن تاللانسىمۇ بولىدۇ. 6 قوزىنى بۇ ئاينىڭ ئون تۆتىنچى
كۈنىگىچە يېنىڭلاردا تۇرغۇزۇڭلار، ــ دېگىن.
شۇ كۈنى ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل جامائىتى تاللىغان مېلىنى گۇگۇمدا
سويسۇن. 7 ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ قېنىدىن ئېلىپ گۆش يېيىلگەن ئۆينىڭ
ئىشىكىنىڭ باش تەرىپىگە ھەم ئىككى يان كېشىكىگە سۈركەپ
قويسۇن. 8 ئۇلار شۇ كېچىسى گۆشنى ئوتتا كاۋاپ قىلىپ يېسۇن؛ ئۇنى
پېتىر نان ۋە ئاچچىق-چۈچۈك كۆكتات بىلەن قوشۇپ يېسۇن. 9 قەتئىي
خام ياكى سۇدا پىشۇرۇپ يېمەڭلار، بەلكى ئۇنى باش، پۇت ۋە ئىچ-
قارىنلىرى بىلەن ئوتتا كاۋاپ قىلىپ يەڭلار. 10 ئۇنىڭ ھېچنېمىسىنى
ئەتىگە قالدۇرماڭلار. ئەگەر ئەتىگە ئېشىپ قالغانلىرى بولسا، ئۇنى
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار.
11 سىلەر ئۇنى مۇنداق ھالەتتە يەڭلار: ــ ئۇنى يېگەندە بەللىرىڭلارنى
چىڭ باغلاپ، ئاياغلىرىڭلارغا كەش كىيىپ، قوللىرىڭلاردا ھاسا
تۇتقان ھالدا تېز يەڭلار. ئۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ «ئۆتۈپ كېتىش»
قوزىسىدۇر. 12 چۈنكى مەن ئۇ كېچىسى مىسىر زېمىنىنى كېزىپ
ئۆتىمەن؛ مەن مىسىر زېمىنىدا مەيلى ئىنسان بولسۇن، مەيلى ھايۋان

**5:12** لاۋ. 3:1؛ 21:22؛ مال. 8:1؛ 1پېت. 19:1

**6:12** **«گۇگۇم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىككى كەچ ئارىلىقىدا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ــ دېمەك، كۈن پېتىۋاتقان چاغدىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت. «بىرىنچى كەچ» كەچقۇرۇن ياكى كۈن پېتىش، «ئىككىنچى كەچ» كېچىنى كۆرسەتسە كېرەك.
—ئىسرائىلدا ئىشلىتىلگەن كالېندار بويىچە يېڭى كۈن كەچ كىرىشى بىلەن باشلىنىدۇ. شۇڭا شۇ كېچە بىلەن بىرىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى باشلىنىدۇ.

**8:12** چۆل. 11:9؛ 1كور. 8:5

**11:12** **«ئۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ «ئۆتۈپ كېتىش» قوزىسىدۇر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بۇ پەرۋەردىگارنىڭ «پاسخا»سىدۇر». ئىبرانىي تىلىدا «پاسخا» ياكى «پېساخ» «ئۆتۈپ كېتىش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. «ئۆتۈپ كېتىش» دېگەننىڭ مۇشۇ يەردە نېمىنى كۆرسەتكىنى توغرىسىدا 13-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

بولسۇن ئۇلارنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان ئەركىكىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن مەن مىسىرنىڭ بارلىق بۇت-ئىلاھلىرىنىڭ ئۈستىدىن
ھۆكۈم چىقىرىمەن؛ مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن. 13 شۇ قۇربانلىقنىڭ قېنى
سىلەر ئولتۇرغان ئۆيلەردە سىلەرگە نىجات بەلگىسى بولىدۇ؛ بۇ قانلارنى
كۆرگىنىمدە سىلەرگە ئۆتۈپ تۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن مىسىر زېمىنىنى
ئۇرغىنىمدا ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان ۋابا-ئاپەت سىلەرگە تەگمەيدۇ.

## پېتىر نان ھېيتى

14 بۇ كۈن سىلەرگە خاتىرە كۈن بولسۇن؛ ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ
ھېيتى سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلەڭلار؛ ئەبەدىي بەلگىلىمە
سۈپىتىدە نەسىلدىن-نەسىلگە مەڭگۈ ئۆتكۈزۈڭلار. 15 يەتتە
كۈن پېتىر نان يەڭلار؛ بىرىنچى كۈنى ئۆيۈڭلاردىن بارلىق
خېمىرتۇرۇچلارنى يوق قىلىڭلار؛ چۈنكى كىمكى بىرىنچى كۈندىن
تارتىپ يەتتىنچى كۈنگىچە بولدۇرۇلغان نان يېسە، شۇ كىشى
ئىسرائىل قاتارىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. 16 بىرىنچى كۈنى سىلەر
مۇقەددەس ئىبادەت سورۇنى تۈزۈڭلار؛ يەتتىنچى كۈنىمۇ ھەم
شۇنداق بىر مۇقەددەس ئىبادەت سورۇنى ئۆتكۈزۈلسۇن. بۇ ئىككى
كۈن ئىچىدە ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلىنمىسۇن؛ پەقەت ھەر
كىشىنىڭ يەيدىغىنىنى تەييارلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىلا

---

12:12 **«مىسىرنىڭ بارلىق ئىلاھلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىمەن»** ــ بۇ مۇھىم ئىش توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. مىسىرلىقلارنىڭ 80دىن كۆپ ئىلاھلىرى بار ئىدى.

13:12 **«سىلەرگە ئۆتۈپ تۇرىمەن»** ــ ياكى «سىلەردىن ئۆتۈپ كېتىمەن» دېگەن سۆزلەر توغرۇلۇق ئىككى خىل پىكىر بار: ــ (1) پەرۋەردىگارنىڭ «ئۆتۈپ كېتىش»ى ئۇنىڭ ئىسرائىللارنى جازالىماي ئۆيىگە كىرمەي «ئۆتۈپ كېتىشى»، (2) پەرۋەردىگار ئەۋەتكەن «ھالاك پەرىشتىسى» (23-ئايەت ۋە «زەب.» 49:78نى كۆرۈڭ) ئىسرائىللارنىڭ ئۆيلىرىگە يېتىپ كەلگەندە پەرۋەردىگار ئۆزى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا «ئۆتۈپ تۇرۇش»ى بىلەن ھالاك پەرىشتىسىنىڭ يولىنى توسۇپ، مۇھاپىزەت قىلىپ ساق قالدۇرۇشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىز ئىككىنچى پىكىرگە قايىل بولدۇق («يەش.» 5:31نى ۋە ئىزاھاتىنىمۇ كۆرۈڭ).

14:12 مىس. 1:5

قىلىساڭلار بولىدۇ. [17] مەن دەل شۇ كۈنى سىلەرنى قوشۇن-قوشۇن بويىچە مىسىر زېمىنىدىن چىقارغىنىم ئۈچۈن سىلەر پېتىر نان ھېيتىنى ئۆتكۈزۈڭلار؛ شۇ كۈننى نەسىلدىن-نەسىلگە ئەبەدىي بەلگىلىمە سۈپىتىدە ھېيت كۈنى قىلىپ بېكىتىڭلار. [18] بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى، كەچقۇرۇندىن تارتىپ شۇ ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى كەچقۇرۇنغىچە، پېتىر نان يەڭلار. [19] يەتتە كۈن ئىچىدە ئۆيلىرىڭلاردا ھېچ خېمىرتۇرۇچ بولمىسۇن؛ چۈنكى مۇساپىر بولسۇن، زېمىندا تۇغۇلغان بولسۇن، كىمكى بولدۇرۇلغان نەرسىلەرنى يېسە شۇ كىشى ئىسرائىل جامائىتىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. [20] سىلەر ھېچقانداق بولدۇرۇلغان نەرسىنى يېمەي، قەيەردىلا تۇرساڭلار، پېتىر نان يەڭلار.

## تۇنجى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»، يەنى «پاسخا ھېيتى»

[21] مۇسا ئىسرائىلنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا: — بېرىپ ھەربىرىڭلارنىڭ ئائىلىسى بويىچە ئۆزۈڭلارغا بىر قوزىنى تارتىپ

---

**16:12 «ئىبادەت سورۇنى»** — مۇشۇ يەردىكى «سورۇن» دېگەن سۆز «سورۇنغا چاقىرىلىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. نەگە چاقىرىلىدۇ؟ مۇقەددەس كىتابتا ئادەتتە تەكىتلىنىدىغان ئىش خەلقنىڭ جەم بولۇشى ئەمەس، بەلكى «**خۇدانىڭ** يېنىغا يىغىلىشقا چاقىرىلىش»تىن ئىبارەت بولىدۇ. لېكىن مۇشۇ يەردە، بولۇپمۇ چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ سەپەر قىلغان ۋاقىتتا، پۈتكۈل جامائەت «مۇقەددەس چېدىر»نىڭ ئالدىغا يىغىلىشى مۇمكىن، ۋە كېيىن پەلەستىن زېمىنىدا تۇرغاندا، ئەركەكلەر بۇ ئەمر بويىچە ھەر يىلى «مۇقەددەس چېدىر»غا، ئاندىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا يىغىلىدىغان بولىدۇ («قان.» 16:16).

**18:12** لاۋ. 23:5؛ چۆل. 16:28

**19:12 «ئىسرائىل جامائىتىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** — «ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» ياكى «جامائەتتىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» دېگەننىڭ مۇنداق بىرنەچچە چۈشەنچىسى بولۇشى مۇمكىن: (1) پەرۋەردىگار ئۆزى ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ؛ (2) جامائەت ئۇنى ئۆلتۈرۈشى كېرەك؛ (3) جامائەت ئۇنى ئىبادەت سورۇنلىرىدىن ھەيدىۋېتىشى ياكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇنى پالىۋېتىشى كېرەك؛ (4) ئۇنىڭدىن ھېچ نەسىل قالدۇرۇلمايدۇ. بىزنىڭچە باشقا ئايەتتە ئېنىق بۇيرۇق كۆرسىتىلمىگەنچىكە، بىرىنچى چۈشەنچە (خۇدا ئۆزى شۇ ئادەمنى دۇنيادىن كەتكۈزىدۇ) توغرا بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز.

**20:12** قان. 3:16

چىقىرىپ پاسخا قوزىسىنى سويۇڭلار. [22] ئاندىن بىر تۇتام زۇپا ئېلىپ
ئۇنى قاچىدىكى قانغا چىلاپ، قاچىدىكى قاننى ئىشىكنىڭ بېشى
ۋە ئىككى كېشىكىگە سۈركەڭلار. سىلەردىن ئەتىگەنگىچە ھېچكىم
ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن قەتئىي چىقمىسۇن. [23] چۈنكى پەرۋەردىگار
مىسىرلىقلارنى ئۇرۇپ ھالاك قىلىش ئۈچۈن، زېمىننى كېزىپ ئۆتىدۇ؛ ئۇ
ئىشىكنىڭ بېشى ۋە ئىككى كېشىكىدىكى قاننى كۆرگەندە، پەرۋەردىگار
ھالاك قىلغۇچىنىڭ ئۆيلىرىڭلارغا كىرىپ سىلەرنى ئۇرۇشىدىن توسۇش
ئۈچۈن مۇھاپىزەت قىلىپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ.
[24] بۇ رەسىم-قائىدىنى ئۆزۈڭلار ۋە بالىلىرىڭلار ئۈچۈن ئەبەدىي بىر
بەلگىلىمە سۈپىتىدە تۇتۇڭلار. [25] سىلەر پەرۋەردىگار ئۆز ۋەدىسى بويىچە
سىلەرگە بېرىدىغان زېمىنغا كىرگىنىڭلاردا بۇ ھېيتلىق ئىبادەتنى
تۇتۇڭلار. [26] بالىلىرىڭلار سىلەردىن: «بۇ ئىبادىتىڭلارنىڭ مەنىسى
نېمە؟» — دەپ سورىسا، [27] سىلەر: «بۇ مىسىرلىقلارنى ئۇرغىنىدا،
مىسىردا ئىسرائىللارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرۇپ، بىزنىڭ
ئۆيدىكىلىرىمىزنى قۇتقۇزغان پەرۋەردىگارغا بولغان «ئۆتۈپ كېتىش»
قۇربانلىقى بولىدۇ» — دەڭلار. شۇنى ئاڭلىغاندا، خەلق ئېگىشىپ
خۇداغا سەجدە قىلدى.

---

**21:12** **«تارتىپ چىقىرىپ...»** — ئىبرانىي تىلدا «تۇتۇۋېلىپ...». **«پاسخا»** — يەنى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى».

**21:12** ئىبر. 28:11

**22:12** **«زۇپا»** — زۇپا بىرخىل ئۇسۇملۇك؛ باشقا بىر ئىسمى «لېپەكگۈل».

**23:12** **«ھالاك قىلغۇچى»** — بەلكىم بىرخىل پەرىشتىنى كۆرسەتسە كېرەك («زەب.» 49:78نى كۆرۈڭ). **«ئۆتۈپ تۇرۇش»** — «ئۆتۈپ تۇرۇش» ياكى «ئۆتۈپ كېتىش» دېگەننىڭ مەنىسى توغرۇلۇق 13:12تىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**23:12** ئىبر. 28:11

**24:12** **«بۇ رەسىم-قائىدە»** — خۇدانىڭ كېيىنكى ئەمرلىرى بويىچە، «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دا (1) ھەربىر ئائىلىنىڭ بىر قوزىنى قۇربانلىق قىلىشى؛ (2) ئۇنىڭ گۆشىنى كېچىدە يېيىشى؛ (3) بۇ گۆشنى پېتىر نان ۋە ئاچچىق كۆكتاتلار بىلەن بىللە يېيىشى قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنىدۇ («چۆل.» 9:1-14، «قان.» 16:1-8نى كۆرۈڭ).

**26:12** يە. 4:6

[28] ئاندىن ئىسرائىللار قايتىپ بېرىپ، پەرۋەردىگار دەل مۇسا بىلەن هارۇنغا ئەمر قىلغاندەك ئىش كۆردى.

## تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەكلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

[29] ۋە شۇنداق بولدىكى، يېرىم كېچە بولغاندا، پەرۋەردىگار پىرەۋننىڭ تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان تۇنجىسىدىن تارتىپ زىنداندا يېتىۋاتقان مەھبۇسنىڭ تۇنجىسىغىچە، مىسىر زېمىنىدىكى تۇنجى ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، شۇنداقلا ئۇ ھايۋاناتلارنىڭ تۇنجى تۇغۇلغانلىرىنىڭمۇ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. [30] ئادەم ئۆلمىگەن بىرمۇ ئۆي قالمىغاچقا، شۇ كېچىسى پىرەۋننىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى ۋە بارلىق مىسىرلىقلار كېچىدە ئورنىدىن قوپتى؛ مىسىر زېمىنىدا ئىنتايىن قاتتىق پەرياد كۆتۈرۈلدى. [31] پىرەۋن كېچىدە مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ: ــ تۇرۇڭلار، سىلەر ۋە ئىسرائىللار بىلەن بىللە مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىڭلار؛ ئېيتقىنىڭلاردەك بېرىپ، پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىڭلار! [32] سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە قوي، ئۆچكە، كالا پادىلىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىڭلار؛ مەن ئۈچۈنمۇ بەخت-بەرىكەت تىلەڭلار، ــ دېدى. [33] مىسىرلىق پۇقرالارمۇ «ھەممىمىز ئۆلۈپ كەتكۈدەكمىز» دېيىشىپ، خەلقنى زېمىندىن تېز چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى كېتىشكە ئالدىراتتى. [34] خەلق تېخى بولمىغان خېمىرلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى تەڭنىلەرگە سېلىپ، كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن يۆگەپ، مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. [35] ئىسرائىللار مۇسانىڭ تاپىلىغىنى بويىچە قىلىپ، مىسىرلىقلاردىن كۈمۈش بۇيۇملار، ئالتۇن بۇيۇملار ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى سوراپ ئېلىشتى. [36] پەرۋەردىگار خەلقنى مىسىرلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلتىپات

28:12 ئىبر. 11:28
29:12 زەب. 78:51؛ 105:36؛ 135:8؛ 136:10
30:12 زەب. 105:36،38
35:12 مىس. 3:21؛ 11:2؛ زەب. 105:37

تاپقۇزغىنى ئۈچۈن مىسىرلىقلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سورىغانلىرىنى بەردى؛ شۇنداق قىلىپ ئىسرائىللار مىسىرلىقلاردىن غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كەتتى.

## ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى

[37] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار بالىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئالتە يۈز مىڭچە ئەركەك بولۇپ، رامسەستىن چىقىپ، سۇككوت شەھىرىگىچە پىيادە ماڭدى. [38] ئۇلار بىلەن بىللە چوڭ بىر توپ شالغۇت خەلقمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ماڭدى، يەنە نۇرغۇن چارۋىلار، كۆپلىگەن كالا-قوي پادىلىرى بىلەن بىللە چىقتى.
[39] مىسىردىن ئالغاچ چىققان خېمىردىن ئۇلار پېتىر نان-توقاچلارنى ئەتتى؛ چۈنكى ئۇلار مىسىردا بىردەم-يېرىم دەم تۇرغۇزۇلماي ھەيدەلگىنى ئۈچۈن خېمىر بولمىغانىدى؛ ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن يېمەكلىك تەييارلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەنىدى.
[40] ئىسرائىللارنىڭ مىسىردا مۇساپىر بولۇپ تۇرغان ۋاقتى جەمئىي تۆت يۈز ئوتتۇز يىل بولدى. [41] شۇنداق بولدىكى، شۇ تۆت يۈز ئوتتۇز يىل توشقاندا، دەل شۇ كۈنىدە پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق قوشۇنلىرى مىسىر زېمىنىدىن چىقىپ كەتتى. [42] شۇ كۈنى كېچىدە ئۇلار مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىلغىنى ئۈچۈن، شۇ كېچىنى ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ كېچىسى دەپ تۇتۇشى كېرەك؛ شۇ كېچىنى بارلىق ئىسرائىللار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ تۇتۇپ، تۇنىشى كېرەك.

38:12 **«شالغۇت خەلق»** — كېيىنكى ۋەقەلەردىن (مەسىلەن، «چۆل.» 4:11 قاتارلىقلار) قارىغاندا، ئىسرائىللاردىن باشقا بىرنەچچە مىللەتلەردىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى كۆرسەتسە كېرەك.
40:12 **«ئىسرائىللارنىڭ مىسىردا مۇساپىر بولۇپ تۇرغان ۋاقتى جەمئىي تۆت يۈز ئوتتۇز يىل بولدى»** — بەزى كونا ئورام يازمىلاردا «ئىسرائىللارنىڭ ۋە ئاتىلىرىنىڭ قانائان ھەم مىسىردا مۇساپىر بولۇپ تۇرغان ۋاقتى جەمئىي تۆت يۈز ئوتتۇز يىل بولدى» دېيىلىدۇ.
**40:12** يار. 13:15؛ روس. 6:7؛ گال. 17:3

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى

43 پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا مۇنداق دېگەندى: ــ پاسخا
قوزىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە شۇ بولسۇنكى،: ــ ھېچقانداق
يات ئەللىك ئادەم ئۇنىڭدىن يېمىسۇن. 44 لېكىن ھەركىمنىڭ پۇلغا
سېتىۋالغان قۇلى بولسا، ئۇ خەتنە قىلىنسۇن، ئاندىن ئۇنىڭدىن
يېسۇن.
45 ئەمما ئۆيۈڭلاردا ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان مۇساپىر ياكى مەدىكار
ئۇنىڭدىن يېسە بولمايدۇ.
46 گۆشنى باشقا بىر ئۆيگە ئېلىپ چىقمىغىن؛ بىرلا ئۆيدە يېيىلسۇن؛
قوزىنىڭ ھېچبىر سۆڭىكى سۇندۇرۇلمىسۇن.
47 پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى بۇ ھېيتنى ئۆتكۈزسۇن.
48 ئەگەر سىنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغان مۇساپىر بولسا، پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ پاسخا ھېيتىنى ئۆتكۈزمەكچى بولسا، ئۇنداقتا ئالدى بىلەن
بارلىق ئەركەكلىرى خەتنە قىلىنسۇن؛ ئاندىن كېلىپ ھېيت
ئۆتكۈزسۇن. ئۇ زېمىندا تۇغۇلغان كىشىدەك سانالسۇن. لېكىن
ھېچبىر خەتنىسىز ئادەم ئۇنىڭدىن يېمىسۇن. 49 زېمىندا تۇغۇلغان
كىشى ھەم ئاراڭلاردا تۇرغان مۇساپىر ئۈچۈن ئوخشاش قانۇن-
بەلگىلىمە بولسۇن.
50 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى دەل پەرۋەردىگار مۇسا
بىلەن ھارۇنغا بۇيرۇغاندەك شۇ ئىشلارنى ئادا قىلدى. 51 شۇ كۈنىنىڭ
ئۆزىدە پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنى قوشۇن-قوشۇن بويىچە مىسىر
زېمىنىدىن چىقاردى.

## تۇنجى تۇغۇلغاننى خۇداغا ئاتاش

13 1 پەرۋەردىگار مۇساغا: 2 ــ ئىسرائىللار ئارىسىدا بالىياتقۇنىڭ
بارلىق تۇنجى ئەركەك مېۋىسىنى، مەيلى ئۇ ئىنساننىڭ

46:12 چۆل. 12:9؛ يۇھ. 36:19

**ياكى ھايۋانىنىڭ بولسۇن، ماڭا ئاتاپ مۇقەددەس قىلغىن؛ ئۇ ماڭا
مەنسۇپتۇر، دېگەنىدى.
[3] مۇسا خەلققە مۇنداق دېدى: ــ سىلەر مىسىردىن ئىبارەت «قۇللۇق
ماكانى»دىن چىققان بۇ كۈننى ياد ئېتىڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار
سىلەرنى بۇ يەردىن قۇدرەتلىك قولى بىلەن چىقاردى. بۇنىڭ ئۈچۈن
ھېچ بولدۇرۇلغان نەرسە يېيىلمىسۇن.
[4] ئابىب ئېيىنىڭ بۈگۈنكى كۈنى يولغا چىققان كۈن. [5] ئەمدى
پەرۋەردىگار ساڭا ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قەسەم قىلغان، سۈت
بىلەن ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىنغا، يەنى قانائانىي، ھىتتىي،
ئامورىي، ھىۋىي ۋە يەبۇسىيلارنىڭ زېمىنىغا سېنى ئېلىپ بارغىنىدا
مۇشۇ ئابىب ئېيىدا شۇ ئىبادەتنى تۇتقىن. [6] يەتتە كۈنگىچە پېتىر
نان يەڭلار؛ يەتتىنچى كۈنىدە پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە ئاتىغان ھېيت
ئۆتكۈزۈلسۇن. [7] يەتتە كۈن ئىچىدە پېتىر نان يېيىلسۇن؛ سىلەرنىڭ
ئاراڭلاردا ھېچقانداق بولدۇرۇلغان نان تېپىلمىسۇن ۋە يا چېگرىلىرىڭ
ئىچىدە ھېچ خېمىرتۇرۇچمۇ كۆرۈنمىسۇن. [8] شۇ كۈنى سەن ئۆز
ئوغلۇڭغا: «مىسىردىن چىققىنىمدا پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن
ئىلتىپاتىنى ياد قىلىپ تەشەككۇر بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ھېيتنى
ئۆتكۈزىمەن»، دەپ چۈشەندۈرگىن.
[9] پەرۋەردىگارنىڭ قانۇن-تەلىمىنىڭ ھەمىشە ئاغزىڭدىن
چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ بەلگىلىمىنى قولۇڭغا بەلگە قىلىپ
سېلىۋال، پېشانەڭگە قاشقىدەك ئەسلەتمە قىلىپ ئورنىتىۋال؛
چۈنكى پەرۋەردىگار سېنى قۇدرەتلىك قولى بىلەن مىسىردىن چىقاردى.
[10] ئەمدى بۇ بەلگىلىمىنى يىلمۇ-يىل بېكىتىلگەن ۋاقتىدا تۇتقىن.**

---

**2:13** مىس. 29:22؛ 19:34؛ لاۋ. 26:27؛ چۆل. 13:3؛ 17:8؛ لۇقا 23:2

**4:13 «ئابىب ئېيى»** ــ ئىسرائىلنىڭ كالېندارى بويىچە يىلنىڭ بىرىنچى ئېيىدۇر، ئىبرانىيلار ئىشلەتكەن كالېندار بويىچە، بەزى يىللىرىدا مارت ئېيىدا، بەزى يىللىرىدا ئاپرېلدا باشلىنىدۇ (2:12نى كۆرۈڭ). «ئابىب» دېگەننىڭ مەنىسى: «بىخ ئۈرۈش»، «ئۆسۈپ چىقىش»تۇر.

**4:13** مىس. 15:23

[11] پەرۋەردىگار سەن بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قىلغان قەسىمى بويىچە
سېنى قانائانىيلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ساڭا تەقدىم
قىلغاندىن كېيىن، شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك: — [12] بارلىق بالىياتقۇنىڭ
تۇنجى مېۋىسىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنىسەن؛ شۇنداقلا چارپاي
مېلىڭنىڭ ھەممە تۇنجى ئەركەكلىرىمۇ پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ
بولسۇن. [13] ئەمما ئېشەكلەرنىڭ ھەممە تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىغا
بىردىن قوزا بەرگىن. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىغا بىرنەرسە بەرمىسەڭ،
ئۇنىڭ بوينىنى سۇندۇرۇۋەتكىن. ئوغۇللىرىڭلار ئارىسىدا بارلىق
تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىغا ھۆرلۈك بەدىلى تۆلۈشۈڭ كېرەك.
[14] كېيىنكى كۈنلەردە ئوغلۇڭ سەندىن: «بۇنىڭ مەنىسى نېمىدۇر»،
دەپ سورىسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «پەرۋەردىگار قۇدرەتلىك
قولى بىلەن بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ، «قۇللۇق ماكانى»دىن ئازاد
قىلدى. [15] شۇنداق بولدىكى، پىرەۋن بوينى قاتتىقلىق قىلىپ بىزنى
قويۇپ بېرىشنى رەت قىلغىنىدا، پەرۋەردىگار مىسىر زېمىنىدىكى
بارلىق تۇنجى تۇغۇلغانلارنى، ئىنساننىڭ بولسۇن، مالنىڭ
بولسۇن، ھەممىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى؛ بۇنىڭ ئۈچۈن مەن مالنىڭ
بالىياتقۇسىنىڭ تۇنجى مېۋىسىنى، يەنى ھەممە تۇنجى تۇغۇلغان
ئەركەكلىرىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ سۇنىمەن ۋە
ئوغۇللىرىمنىڭ ھەربىر تۇنجىلىرى ئۈچۈن ھۆرلۈك بەدىلى تۆلەپ
بېرىمەن»، دەپ ئېيتقىن. [16] بۇ بەلگىلىمىنى قولۇڭغا ئەسلەتمە-

---

**13:12 «... ھەممە تۇنجى ئەركەكلىرىمۇ پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ بولسۇن»** — پەرۋەردىگار مىسىردا بارلىق تۇنجىلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۆلۈمدىن تىرىلگەندەك» ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىدى. ئەمما (ئىنسان بولسۇن، مال بولسۇن) تۇنجى تۇغۇلغانلار بولسا پۈتكۈل ئائىلىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

**13:12** مىس. 22:30؛ 34:19؛ لاۋ. 27:26؛ چۆل. 8:17؛ ئەز. 44:30

**13:13 «ئېشەكلەرنىڭ ھەممە تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىغا بىردىن قوزا بەرگىن...»** — ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلاغلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايتتى؛ پەقەت قوي، كالا، ئوغلاق ۋە كەپتەر قاتارلىقلارلا بولاتتى. يەنە كېلىپ، ئۇلاغلارنىڭ ئورنىغا قويلارنى قۇربانلىق قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىشىدە ئۇلاغلارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى نەزەرگە ئېلىنغان.

بەلگە قىلىپ سىلىۋال، پېشانەڭگە قاشقىدەك ئەسلەتمە قىلىپ ئورنىتىۋال، چۈنكى پەرۋەردىگار قۇدرەتلىك قولى بىلەن بىزنى مىسىردىن چىقاردى» ــ دېگىن.

## بۇلۇت تۈۋرۈكى ۋە ئوت تۈۋرۈكى

[17] ئەمما پىرەۋن خەلقنى كېتىشكە قويغاندىن كېيىن، فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىدىكى يول يېقىن بولسىمۇ، خۇدا ئۇلارنى شۇ يول بىلەن باشلىمىدى؛ چۈنكى ئۇ: «خەلقىم جەڭگە ئۇچراپ قالسا، قورقۇپ پۇشايمان قىلىپ، مىسىرغا يېنىپ كېتىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغانىدى. [18] شۇ سەۋەبتىن خۇدا خەلقنى ئايلاندۇرۇپ، قىزىل دېڭىز تەرەپتىكى چۆلنىڭ يولى بىلەن باشلاپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ ئىسرائىللار مىسىردىن چىققىنىدا، قوراللىنىپ جەڭگە تەييار بولۇپ تەرتىپ بىلەن ماڭدى.

[19] مۇسا يۈسۈپنىڭ سۆڭەكلىرىنىمۇ بىللە ئېلىۋالدى؛ چۈنكى يۈسۈپ ئەسلىدە ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى بولغان قېرىنداشلىرىنى: «خۇدا چوقۇم سىلەرنى يوقلاپ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالىدۇ؛ شۇ چاغدا سىلەر مېنىڭ سۆڭەكلىرىمنى مۇشۇ يەردىن بىللە ئېلىپ كېتىڭلار» دەپ قەسەم قىلدۇرغانىدى.

[20] ئاندىن ئۇلار سۇككوتتىن چىقىپ، چۆلنىڭ چېتىدىكى ئېتام دېگەن يەردە چېدىرلىرىنى تىكتى. [21] ئەمدى پەرۋەردىگار ئۇلارغا يول كۆرسىتىشكە كۈندۈزى بىر بۇلۇت تۈۋرۈكىدە، كېچىسى يورۇقلۇق بېرىشكە ئوت تۈۋرۈكىدە بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېچە-كۈندۈز يول يۈرەلەيتتى. [22] بۇلۇت تۈۋرۈكى كۈندۈزى، ئوت تۈۋرۈكى كېچىسى خەلقتىن ئايرىلماي، ئالدىدا يۈرەتتى.

---

**16:13** مىس. 9:13؛ قان. 8:6؛ پەند. 3:3

**19:13** **«...يوقلاپ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالىدۇ»** ــ بۇ ئىبرانىي تىلىدا پەقەت «يوقلاپ» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**19:13** يار. 25:50؛ يە. 32:24

## ئىسرائىللارنىڭ قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈشى

14 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا: [2] ــ سەن ئىسرائىللارغا: «سىلەر بۇرۇلۇپ
مىگدول بىلەن دېڭىزنىڭ ئارىلىقىدىكى پى-ھاھىروتنىڭ
ئالدىغا بېرىپ چېدىر تىكىڭلار؛ بائال-زېفوننىڭ ئۇدۇلىدىكى
دېڭىزنىڭ بويىدا چېدىر تىكىڭلار»، دېگىن. [3] شۇنىڭ بىلەن پىرەۋن:
«ئىسرائىللار زېمىندا ئېزىپ قالدى، چۆلنىڭ ئىچىدە قامىلىپ
قالدى» دەپ ئويلايدۇ؛ [4] ئىسرائىللارنى قوغلىسۇن دەپ مەن پىرەۋننىڭ
كۆڭلىنى قاتتىق قىلىمەن؛ شۇنداق قىلىپ، مەن پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ
پۈتكۈل قوشۇنلىرى ئارقىلىق ئۆز ئۇلۇغلۇقۇمنى ئايان قىلىمەن؛ ۋە
مىسىرلىقلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، ــ دېدى.
ئىسرائىللار خۇدانىڭ سۆزى بويىچە قىلدى.
[5] «ئۇ خەلق قېچىپ كەتتى» دەپ مىسىرنىڭ پادىشاھىغا خەۋەر
بېرىلگەندى، پىرەۋن بىلەن ئەمەلدارلىرى خەلق توغرىسىدىكى
قارارىدىن يېنىپ: «ئىسرائىللارنى قۇللۇقتىن قويۇۋەتكىنىمىز، بۇ
زادى نېمە قىلغىنىمىز؟!» ــ دېيىشتى.
[6] پىرەۋن دەرھال جەڭ ھارۋىسىنى قوشتۇرۇپ، ئۆز خەلقىنى باشلاپ
يولغا چىقتى. [7] ئۇ يەنە ئالتە يۈز خىللانغان جەڭ ھارۋىسى، شۇنداقلا
مىسىردىكى بارلىق جەڭ ھارۋىلىرىنى يىغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە
لەشكەر باشلىقلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. [8] پەرۋەردىگار
مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋننىڭ كۆڭلىنى قاتتىق قىلغىنى ئۈچۈن،
ئۇ ئىسرائىللارنى قوغلىدى. بۇ چاغدا ئىسرائىللار قوللىرىنى ئېگىز
كۆتۈرۈشكەن ھالدا مىسىردىن چىقىپ بولغانىدى.
[9] مىسىرلىقلارنىڭ ھەممىسى يەنى پىرەۋننىڭ بارلىق ئاتلىرى
بىلەن جەڭ ھارۋىلىرى، ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن پۈتكۈل قوشۇنى

---

**2:14 «دېڭىز»** ــ «قىزىل دېڭىز»نى كۆرسىتىدۇ. خەرىتىنى كۆرۈڭ.

**2:14** چۆل. 7:33

**4:14** مىس. 4:21؛ 20:10

**8:14 «قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكەن ھالدا»** ــ خۇشاللىق، مەردانىلىك بىلەن، دېمەك.

ئۇلارنى قوغلاپ، ئىسرائىللار دېڭىز بويىغا چېدىر تىككەن جايدا،
يەنى پى-هاھىروتنىڭ يېنىدا، بائال-زېفوننىڭ ئۇدۇلىدا ئۇلارغا يې
تىشتى. [10] پىرەۋن يېقىنلاشقاندا، ئىسرائىللار بېشىنى كۆتۈرۈپ
قارىۋىدى، مانا، مىسىرلىقلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش قىلىپ
قوغلاپ كېلىۋاتاتتى! شۇنى كۆرگەندە ئىسرائىللار تولىمۇ قورقۇشۇپ،
پەرۋەردىگارغا نىدا-پەرياد كۆتۈردى. [11] ئۇلار مۇساغا: ــ مىسىردا
گۆرىستان تېپىلماسمىدى، سەن بىزنى چۆلدە ئۆلسۇن دەپ مۇشۇ
يەرگە ئېلىپ كەلدىڭغۇ؟! بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، بىزگە
مۇنداق قىلغىنىڭ نېمىسى؟! [12] مىسىردا تۇرغان ۋاقتىمىزدا بىز ساڭا:
«بىزنى مىسىرلىقلارنىڭ قۇللۇقىدا بولۇشىمىزغا قويغىن، بىز بىلەن
كارىڭ بولمىسۇن» دەپ ئېيتمىغانمىدۇق؟ مىسىرلىقلارنىڭ قۇللۇقىدا
بولغىنىمىز چۆلگە كېلىپ ئۆلگىنىمىزدىن ئەۋزەل بولاتتى! ــ دېدى.
[13] بۇنىڭ بىلەن مۇسا خەلققە: ــ قورقماي، تىك تۇرۇڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ
بۈگۈن سىلەرگە يۈرگۈزىدىغان نىجاتىنى كۆرىسىلەر؛ چۈنكى سىلەر
بۈگۈن كۆرگەن مىسىرلىقلارنى ئىككىنچى كۆرمەيسىلەر. [14] پەرۋەردىگار
سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، لېكىن سىلەر بولساڭلار جىم تۇرساڭلارلا
بولىدۇ، دېدى.
[15] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ نېمىشقا سەن ماڭا پەرياد كۆتۈرىسەن؟
ئىسرائىللارغا: «ئالدىغا مېڭىڭلار» دەپ بۇيرۇغىن. [16] لېكىن سەن
هاساڭنى كۆتۈرۈپ قولۇڭنى دېڭىزغا ئۇزىتىپ، ئۇنى ئىككىگە
بۆلگىن؛ شۇنداقتا، ئىسرائىللار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇق يەر
بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.
[17] مانا، مەن ئۇلارنى قوغلىسۇن دەپ مىسىرلىقلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى
قاتتىق قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن مەن پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل قوشۇنى،

---

**9:14** يە. 6:24

**12:14** مىس. 9:6

**16:14** **«ئۆتۈپ كېتىدۇ»** ــ بۇ ئىككىنچى «ئۆتۈپ كېتىش»تۇر. «ئۆتۈپ كېتىش هېيتى»دا ئالدىنقى ۋە بۇ «ئۆتۈپ كېتىش» ئەسلىنىدۇ (13:12، 23نىمۇ كۆرۈڭ).

**جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىقلىرى ئارقىلىق ئۆز ئۇلۇغلۇقىمنى ئايان**
**قىلىمەن. [18] شۇنداق قىلىپ، مەن پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى**
**ۋە ئاتلىقلىرى ئارقىلىق ئۆز ئۇلۇغلۇقىمنى ئايان قىلغىنىمدا،**
**مىسىرلىقلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، دېدى.**
**[19] ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا يۈرۈۋاتقان خۇدانىڭ پەرىشتىسى**
**ئەمدى ئۇلارنىڭ كەينىگە ئۆتتى؛ شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان**
**بۇلۇت تۈۋرۈكىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىگە يۆتكىلىپ، [20] مىسىرلىقلارنىڭ**
**چېدىرگاھى بىلەن ئىسرائىلنىڭ چېدىرگاھىنىڭ ئارىلىقىدا**
**توختىدى؛ بۇ بۇلۇت بىر تەرەپتە قاراڭغۇلۇق چۈشۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتە**
**كېچىنى يورۇتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بىر كېچە بىر قوشۇن يەنە بىر**
**قوشۇنغا يېقىن كېلەلمىدى.**
**[21] مۇسا قولىنى دېڭىزنىڭ ئۈستىگە ئۇزاتتى؛ پەرۋەردىگار پۈتۈن**
**كېچە شەرقتىن كۈچلۈك بىر شامال چىقىرىپ، دېڭىزنىڭ سۈيىنى**
**كەينىگە ياندۇردى؛ ئۇ سۇنى ياندۇرۇپ دېڭىزنى قۇرۇق يەر قىلدى،**
**سۇلار ئىككىگە بۆلۈندى. [22] شۇ تەرىقىدە ئىسرائىللار دېڭىزنىڭ**
**ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق يەردىن مېڭىپ، ئۆتۈپ كەتتى؛ سۇلار**
**بولسا ئۇلارنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدا كۆتۈرۈلۈپ تامدەك تۇراتتى.**
**[23] ئەمما مىسىرلىقلار ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى ــ پىرەۋنىنىڭ**
**بارلىق ئاتلىرى، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىق لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ**
**كەينىدىن دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە كەلدى. [24] تاڭ ئاتقاندا**
**شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگار ئوت بىلەن بۇلۇت تۈۋرۈكىدە تۇرۇپ**
**مىسىرلىقلارنىڭ قوشۇنىغا قارىدى ۋە مىسىرلىقلارنىڭ قوشۇنىغا**

---

**19:14** **«خۇدانىڭ پەرىشتىسى»** ــ بۇ زات توغرۇلۇق 2:3 ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**20:14** **«بۇ بۇلۇت بىر تەرەپتە قاراڭغۇلۇق چۈشۈرۈپ...»** ــ شۇ ۋاقىت ئاينىڭ ئوتتۇرىسى بولغاچقا، ئادەتتە ئايدىڭ بولاتتى.

**21:14** يە. 23:4؛ زەب. 13:78؛ 9:106؛ 7-1:114

**22:14** **«ئۆتۈپ كەتتى»** ــ يەھۇدىيلار «ئۆتۈپ كېتىش» ھېيتىنى تەبرىكلىگەندە، مۇشۇ قىزىل دېڭىزدىن «ئۆتۈپ كېتىش»نىمۇ ئەسلەپ تەبرىكلەيدۇ.

**22:14** 1كور. 1:10؛ ئىبر. 29:11

پاراكەندىچىلىك چۈشۈردى. 25 ئۇ ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ
چاقلىرىنى پاتقۇزۇپ، ھەيدەپ مېڭىشىنى مۈشكۈل قىلدى.
مىسىرلىقلار: — يۈرۈڭلار، ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن قاچايلى،
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلار ئۈچۈن مىسىرلىقلارغا قارشى جەڭ
قىلىۋاتىدۇ، — دېيىشتى.
26 پەرۋەردىگار مۇساغا: — سۇلار يېنىپ مىسىرلىقلارنىڭ ئۈستىگە،
ئۇلارنىڭ جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە ۋە ئاتلىقلىرىنىڭ ئۈستىگە
ئېقىپ بېرىپ، ئۇلارنى چۆكتۈرۈۋەتسۇن دەپ قولۇڭنى دېڭىزنىڭ
ئۈستىگە ئۇزاتقىن، — دېدى.
27 مۇسا قولىنى دېڭىزنىڭ ئۈستىگە ئۇزىتىۋىدى، تاڭ
ئاتقاندا دېڭىزنىڭ سۈيى يەنە ئەسلىي ھالىتىگە يېنىپ
كەلدى. قېچىۋاتقان مىسىرلىقلار ئېقىنغا قارشى يۈگۈرۈشتى،
پەرۋەردىگار ئۇلارنى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا موللاق ئاتقۇزدى
28 سۇ ئەسلىگە يېنىپ كېلىپ، جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ئاتلىقلارنى،
يەنى ئىسرائىللارنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ دېڭىزغا كىرگەن پىرەۋننىڭ
پۈتكۈل قوشۇنىنى غەرق قىلىۋەتتى؛ ئۇلاردىن بىرىمۇ ساق قالمىدى.
29 لېكىن ئىسرائىللار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق يەر
بىلەن مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى؛ سۇلار ئۇلارنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدا
كۆتۈرۈلۈپ تامدەك تۇراتتى. 30 شۇ تەرىقىدە پەرۋەردىگار ئۇ كۈنى
ئىسرائىللارنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى؛ ئىسرائىللار
مىسىرلىقلارنىڭ دېڭىزنىڭ بويىدا ئۆلۈك ياتقىنىنى كۆردى.
31 ئىسرائىل خەلقى پەرۋەردىگارنىڭ مىسىرلىقلارغا ئىشلەتكەن
زور قۇدرىتىنى كۆرۈپ، پەرۋەردىگاردىن قورقتى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارغا
ۋە ئۇنىڭ قۇلى مۇساغا ئىشەندى.

---

**25:14** **«ئۇ ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرىنى پاتقۇزۇپ،...»** — باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرىمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن.

**29:14** زەب. 19:77

## مۇسانىڭ خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشى

15 [1] شۇ چاغدا مۇسا بىلەن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا مەدھىيە
ئوقۇپ مۇنۇ كۈينى ئېيتتى: ــ
«مەن پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەپ كۈي ئېيتاي،
چۈنكى ئۇ كارامەت ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتتى؛
ئۇ ئات ۋە مىنگۈچىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتى.
[2] مېنىڭ كۈچۈم ھەم مېنىڭ كۈيۈم ياھ ئۆزىدۇر؛
ئۇ ماڭا نىجات بولدى؛
ئۇ مېنىڭ تەڭرىمدۇر، مەن ئۇنى ئۇلۇغلايمەن؛
ئۇ مېنىڭ ئاتامنىڭ خۇداسىدۇر، مەن ئۇنى ئالىي دەپ مەدھىيىلەيمەن.
[3] پەرۋەردىگار جەڭچىدۇر،
ياھۋەھ ئۇنىڭ نامىدۇر.
[4] پىرەۋننىڭ جەڭ ھارۋىلىرىنى ھەم قوشۇنلىرىنى دېڭىزغا
تاشلىۋەتتى؛
ئۇنىڭ ئالىي لەشكەر باشلىقلىرى قىزىل دېڭىزدا غەرق قىلىندى.
[5] چوڭقۇر سۇلار ئۇلارنى كۆمۈۋەتتى،
ئۇلار خۇددى تاشتەك دېڭىز تېگىگە چۆكۈپ كەتتى.
[6] سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ، ئەي پەرۋەردىگار،
قۇدرىتى بىلەن شان-شەرەپ تاپتى؛

---

15:1 **«ئۇ كارامەت ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتتى»** ــ ياكى «ئۇ شانلىق غەلىبە قۇچتى».

15:1 زەب. 12:106

15:2 **«ياھ»** ــ مۇشۇ تەرجىمىدە بىز خۇدانىڭ «ياھۋەھ» ياكى «يەھوۋاھ» دېگەن نامىنى «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. «ياھ» بولسا «ياھۋەھ» دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىدۇر.

15:2 زەب. 2:18؛ زەب. 14:118؛ يەش. 2:12

15:3 **«ياھۋەھ»** ــ مۇشۇ تەرجىمىدە بىز خۇدانىڭ «ياھۋەھ» ياكى «يەھوۋاھ» دېگەن نامىنى ئادەتتە «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. مەنىسى «ئەزەلدىن بولغۇچى». 3:13-14 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

15:5 نەھ. 11:9

سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ، ئەي پەرۋەردىگار،دۈشمەننى كۇكۇم-تالقان
قىلىۋەتتى.
[7] ئۆز ئۇلۇغلۇقۇڭنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ئۆزۈڭگە قارشى چىققانلارنى
نابۇت قىلدىڭ،
سەن ئوتلۇق غەزىپىڭنى ئەۋەتتىڭ،
ئۇ سامانني كۆيدۈرگەن ئوتتەك ئۇلارنى يۇتۇۋەتتى.
[8] دىمىغىڭنىڭ نەپىسى بىلەن سۇلار دۆڭ بولۇپ ئۆرلىدى،
جۇشقۇنلىغان دولقۇنلار دۆڭ كەبى تىك تۇردى،
دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر سۇلار قاتۇرۇپ قويۇلدى.
[9] دۈشمەن دېدى: «مەن ئۇلارنى قوغلايمەن، يېتىشىمەن، ئولجا ئېلىپ
ئۈلەشتۈرىمەن،
ئۇلاردىن دەردىمنى چىقىرىمەن،
قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ، ئۆز قولۇم بىلەن ئۇلارنى نابۇت قىلىمەن».
[10] لېكىن سەن نەپىسىڭ بىلەن پۈۋلىدىڭ،
دېڭىز ئۇلارنى كۆمۈۋەتتى؛
ئۇلار جۇشقۇنلۇق سۇلاردا قوغۇشۇندەك چۆكۈپ كەتتى.
[11] ئىلاھلارنىڭ ئارىسىدا، ئەي پەرۋەردىگار،
كىم سېنىڭ تەڭدىشىڭ بولسۇن؟
پاك-مۇقەددەسلىك ئىچىدە ئۆز ھەيۋىتىڭنى كۆرسىتىدىغان،
ھەمد-مەدھىيىلەر ئارىسىدا دەھشەتلىك تۇرىدىغان،
مۆجىزە-كارامەت يارىتىدىغان،
سەندەك كىم بولسۇن؟
[12] سەن ئوڭ قولۇڭنى ئۇزىتىشىڭ بىلەن،
يەر-زېمىن ئۇلارنى يۇتۇۋەتتى.

---

**6:15** زەب. 118:15،16
**8:15 «دىمىغىڭنىڭ نەپىسى بىلەن»** — ياكى «قەھرىڭنىڭ روھى بىلەن».
**8:15** يەش. 63:12،13؛ ھاب. 3:10
**10:15** زەب. 74:13؛ 106:11

13 لېكىن ئۆزۈڭگە ھەمجەمەت قىلىپ قۇتقۇزغان قوۋمنى رەھىمدىللىقىڭ بىلەن باشلاپ چىقتىڭ؛
سەن ئۇلارنى ئۆز مۇقەددەس ماكانىڭغا قۇدرىتىڭ بىلەن ھىدايەت قىلىپ يېتەكلىدىڭ.
14 يات خەلقلەر بۇنى ئاڭلاپ، تىترىشىپ كەتتى؛
فىلىستىيەدە تۇرۇۋاتقانلارنى تولغاقتەك ئازاب تۇتتى.
15 ئاندىن ئېدومنىڭ ئەمىرلىرى دەككە-دۈككىگە چۈشتى؛
موئابنىڭ پالۋانلىرىنى بولسا، راسا تىترەك باستى؛
قانائان زېمىنىدىكىلەرنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ ئاقتى؛
16 قورقۇنچ ۋە دەھشەت ئۇلارنى باستى؛
بىلىكىڭنىڭ ھەيۋىتى بىلەن ئۇلار خۇددى تاشتەك مىدىرلىيالماي قالدى؛
خەلقىڭ ئۆتۈپ كەتكۈچە، ئى پەرۋەردىگار،
ئۆزۈڭ رەنە تۆلەپ ھۆر قىلغان خەلقىڭ ئۆتۈپ بولغۇچە.
17 ئۇلارنى باشلاپ كىرىپ،
ئۆز مىراسىڭ بولغان تاغدا كۆچەتتەك تىكىسەن،
ئۆز ماكانىڭ قىلغان جايغا، ئى پەرۋەردىگار،

---

**13:15 «ھەمجەمەت قىلىپ قۇتقۇزغان»** — مۇشۇ ئىبارە ئىبرانىي تىلىدا «گائال» دېگەن بىر پېئىل بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ پېئىل توغرۇلۇق «تەبىرلەر» ۋە «ئايۇپ» 25:19 ۋە ئىزاھاتىنىمۇ كۆرۈڭ. **«ئۆز مۇقەددەس ماكانىڭغا»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۆز مۇقەددەسلىكىڭنىڭ ماكانىغا».

**15:15** قان. 4:2

**16:15 «ئۆزۈڭ رەنە تۆلەپ ھۆر قىلغان خەلقىڭ»** — بۇ ئۇقۇم يۇقىرىقى 13-ئايەتتىكى «سەن ھەمجەمەت قىلىپ قۇتقۇزغان... خەلقىڭ» دېگەن ئۇقۇمغا يېقىندۇر. **«... ئۆزۈڭ رەنە تۆلەپ ھۆر قىلغان خەلقىڭ ئۆتۈپ بولغۇچە»** — بۇ ئايەت بېشارەت بولۇپ: (1) قانائاندىكى خەلق ۋە موئابتىكى ئاھالىلەر خۇدانىڭ خەلقىنىڭ مىسىردىن چىققىنىنى ئاڭلاپ ئۇلاردىن ئىنتايىن قورقىدۇ («يە.» 8:2-11نى كۆرۈڭ)؛ (2) كېيىنكى كۈنلەردە ئىسرائىل قانائان زېمىنىنى ئىگىلەشكە ئىئوردان دەرياسىدىن «ئۆتىدۇ». بۇ ئىش بولغۇچە ھېچقانداق باشقا ئەل-مىللەت ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋالالمايدۇ (17-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**16:15** قان. 2:25؛ 11:25؛ يە. 9:2

ئۆز قوللىرىڭ تەييارلىغان مۇقەددەس جايغا، ئى رەب، ئۇلارنى
ئېلىپ بارىسەن.
18 پەرۋەردىگار ئەبەدىلئەبەدگىچە پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈم سۈرىدۇ!
19 چۈنكى پىرەۋنىنىڭ ئاتلىرى،
جەڭ ھارۋىلىرى ئاتلىقلىرى بىلەن بىللە دېڭىزغا كىرىپ بولدى؛
پەرۋەردىگار دېڭىزنىڭ سۇلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياندۇردى،
لېكىن ئىسرائىللار بولسا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇق يەردىن
مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى».
20 ئاندىن ھارۇننىڭ ھەدىسى پەيغەمبەر مەريەم قولىغا داپنى ئالدى،
بارلىق قىز-ئاياللارمۇ قولىغا داپ ئېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ
ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
21 مەريەم ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق كۈينى ئوقۇدى: ــ
«پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەپ كۈي ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇ زور ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتتى؛
ئۇ ئات ۋە مىنگۈچىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتى!».

## خۇدا خەلقنى سىنايدۇ ـ ماراھتىكى ئاچچىق سۇ

22 ئاندىن مۇسا ئىسرائىللارنى قىزىل دېڭىزدىن باشلاپ، شۇر چۆلىگە
ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۇدا ئۈچ كۈن چۆلدە يۈرۈپ، سۇ تاپالمىدى. 23 ئاندىن
ئۇلار ماراھقا يېتىپ كەلدى؛ لېكىن ئۇ يەرنىڭ سۈيى ئاچچىق بولۇپ،
سۈيىنى ئىچكىلى بولمايتتى؛ شۇڭا ئۇ جاينىڭ نامى «ماراھ» دەپ قو
يۇلغان. 24 ئۇ ۋاقىتتا خالايىق: ــ بىز نېمە ئىچىمىز؟ ــ دەپ مۇسادىن

---

**17:15** 1پاد. 8:13، 39؛ يۇھ. 2:14

**19:15** «**...قۇرۇق يەردىن مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى**» ــ بەزى تەرجىملەردە مۇسانىڭ بۇ شېئىرى 18-ئايەت بىلەن توختايدۇ.

**20:15** 1سام. 6:18

**21:15** «**ئۇ زور ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتتى**» ــ ياكى «ئۇ شانلىق غەلىبە قۇچتى».

**23:15** «**ماراھ**» ــ «ئاچچىق» دېگەن مەنىدە.

**23:15** چۆل. 8:33

ئاغرىنىپ غوتۇلداشقىلى تۇردى.
25 ئۇ پەرۋەردىگارغا پەرياد كۆتۈردى؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بىر
دەرەخنى كۆرسەتتى؛ ئۇ دەرەخ ياغىچىنى ئېلىپ، سۇغا تاشلىۋىدى،
سۇ تاتلىق سۇغا ئايلاندى. ئۇ يەردە پەرۋەردىگار ئۇلارغا ھۆكۈم-
بەلگىلىمە بېكىتىپ، ئۇلارنى سىناپ، مۇنداق دېدى: — 26 «ئەگەر سىلەر
كۆڭۈل قويۇپ خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ
نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلىپ، ئەمرلىرىگە قۇلاق سېلىپ، بارلىق
ھۆكۈملىرىنى تۇتساڭلار، ئۇنداقتا، مەن مىسىرلىقلارنىڭ ئۈستىگە
سالغان كېسەللەردىن ھېچبىرىنى ئۈستۈڭگە سالمايمەن؛ چۈنكى
مەنكى سىلەرگە شىپالىق بەرگۈچى پەرۋەردىگاردۇرمەن».
27 ئاندىن ئۇلار ئېلىمغا يېتىپ كەلدى. شۇ يەردە ئون ئىككى بۇلاق
بىلەن يەتمىش خورما دەرىخى بار ئىدى؛ ئۇلار شۇ يەردە سۇلارنىڭ
بويىدا چېدىر تىكتى.

## ماننا بىلەن بۆدۈنە

16 1 ئاندىن ئىسرائىللارنىڭ پۈتكۈل جامائىتى ئېلىمدىن يولغا
ئاتلاندى؛ مىسىر زېمىنىدىن چىقىپ، ئىككىنچى ئېيىنىڭ
ئون بەشىنچى كۈنىدە ئېلىم بىلەن سىنايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
سىن چۆلىگە يېتىپ كەلدى. 2 ئەمما ئىسرائىللارنىڭ پۈتكۈل
جامائىتى چۆلدە مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ يامان گېپىنى قىلىپ
غوتۇلداشقىلى تۇردى. 3 ئىسرائىللار ئۇلارغا: — پەرۋەردىگارنىڭ
قولى بىزنى مىسىر يۇرتىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا
بولماسمىدى! شۇ يەردە بىز گۆش قايناۋاتقان قازانلارنى چۆرىدەپ
ئولتۇرۇپ، تويغۇدەك نان يېمىگەنمىدۇق؟ لېكىن سىلەر بۇ
جامائەتنىڭ ھەممىسىنى ئاچلىق بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ

---

26:15 **«پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى»** — ئىبرانىي تىلدا «پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىنى».

**1:16** چۆل. 33:5-49

بىزنى بۇ چۆلگە ئېلىپ كەلدىڭلار! ــ دېيىشتى.
[4] بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ مانا، مەن ئاسماندىن سىلەرگە
نان ياغدۇرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن خەلق ھەر كۈنى چىقىپ، بىر كۈنلۈك
لازىملىقىنى يىغىۋالسۇن. بۇ تەرىقىدە مەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ قانۇن-
ئەمرلىرىمدە ماڭىدىغان-ماڭمايدىغانلىقىنى سىنايمەن. [5] ھەر
ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار يىغىۋالغانلىرىنى
تەييارلىسۇن؛ ئۇ باشقا كۈنلەردە ئېرىشىدىغىنىدىن بىر ھەسسە كۆپ
بولىدۇ، ــ دېدى. [6] ئاندىن مۇسا بىلەن ھارۇن بارلىق ئىسرائىللارغا:
ــ بۈگۈن ئاخشام سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىققۇچىنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر ۋە [7] ئەتە سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ
شان-شەرىپىنى كۆرىسىلەر؛ چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ ئۇنىڭ يامان گېپىنى
قىلىپ غوتۇلداشقىنىڭلارنى ئاڭلىدى؛ بىزگە كەلسەك، سىلەر يامان
گېپىمىزنى قىلىپ غوتۇلدىغۇدەك بىز كىم ئىدۇق؟ ــ دېدى.
[8] مۇسا يەنە: پەرۋەردىگار بۈگۈن ئاخشام سىلەرگە يېگىلى
گۆش بېرىپ، ئەتە ئەتىگەندە تويغۇدەك نان بەرگەندە بۇنى
بىلىسىلەر؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەر ئۇنىڭ يامان گېپىنى
قىلىپ غوتۇلدىغىنىڭلارنى ئاڭلىدى. ئەمدى بىز نېمە ئىدۇق؟
سىلەرنىڭ غوتۇلداشقىنىڭلار بىزلەرگە قارىتىلغان ئەمەس،
بەلكى پەرۋەردىگارغا قارىتىلغاندۇر، ــ دېدى.

---

3:16 **«پەرۋەردىگارنىڭ قولى بىزنى مىسىر يۇرتىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا بولماسمىدى!...»** ــ ئۇلارنىڭ قاقشاشلىرى تولىمۇ ئورۇنسىز ئىدى، ئەلۋەتتە. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن ئېلىپ كەلگەن چارۋا ماللىرى ئاز ئەمەس ئىدى (12:38نى كۆرۈڭ). ئىككىنچىدىن، ئۇلار مىسىردا قۇللۇقتا بولغان چاغلىرىدىمۇ ئۇلار ئېرىشىدىغان يېمەكلىكلەر ئانچە كۆپ بولغان ئەمەس ئىدى («قان.» 7:3، 8:1-3نى كۆرۈڭ).

**3:16** چۆل. 11:4؛ 1كور. 10:10

**4:16** زەب. 78:24؛ 105:40

5:16 **«ئالتىنچى كۈن»** ــ بۇ جۈمە كۈنىدۇر. شۇ كۈنى يەھۇدىيلار يىغقان «ماننا»دىن ئىككى كۈنلۈك تاماقنى تەييارلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئەتىسى، يەنى يەتتىنچى كۈنى شابات كۈنى («دەم ئېلىش كۈنى») ئىدى.

[9]ئاندىن مۇسا ھارۇنغا: ــ سەن ئىسرائىللارنىڭ پۈتكۈل
جامائىتىگە: «پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كېلىڭلار؛ چۈنكى ئۇ
يامان گەپ بىلەن غوتۇلداشقىنىڭلارنى ئاڭلىدى»، دەپ ئېيتقىن،
ــ دېدى. [10]شۇنداق بولدىكى، ھارۇن ئىسرائىللارنىڭ پۈتكۈل
جامائىتىگە سۆزلەپ تۇرغىنىدا، ئۇلار چۆل تەرەپكە قارىۋىدى،
مانا، پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى بۇلۇتتا ئايان بولدى. [11]شۇنىڭ
بىلەن پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ
[12]ــ مەن ئىسرائىللارنىڭ يامان گەپ قىلىپ غوتۇلداشقىنىنى ئاڭلىدىم؛
ئەمدى ئۇلارغا: «گۇگۇمدا سىلەر گۆش يەيسىلەر ۋە ئەتىگەندە ناندىن
تويۇنىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىلەر» ــ دەپ ئېيتقىن، دېدى.
[13]كەچقۇرۇندا شۇنداق بولدىكى، بۆدۈنىلەر ئۇچۇپ كېلىپ،
چېدىرگاھنى قاپلاپ كەتتى؛ ئەتىسى ئەتىگەندە، چېدىرگاھنىڭ
ئەتراپىدىكى يەرلەرگە شەبنەم چۈشكەنىدى. [14]ئەتراپتا ياتقان
شەبنەم كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مانا، چۆللۈكنىڭ يەر
يۈزىدە قىراۋدەك نېپىز، كىچىك-كىچىك يۇمىلاق نەرسىلەر
تۇراتتى. [15]ئىسرائىللار ئۇنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
بىلمىگىنى ئۈچۈن: ــ بۇ نېمىدۇ؟ ــ دەپ سوراشتى.
مۇسا ئۇلارغا جاۋابەن: ــ بۇ پەرۋەردىگار سىلەرگە ئاتا قىلغان
ئوزۇق-تۈلۈكتۇر. [16]پەرۋەردىگار شۇ ئىشنى ئەمر قىلىپ دېدىكى،
«ھەربىرىڭلار يەيدىغىنىڭلارغا قاراپ ئۇنىڭدىن يىغىۋېلىڭلار؛
ھەربىرىڭلار ئائىلىدىكى ئادەم سانىغا قاراپ، ھەربىر ئادەمگە
بىر ئومەر مىقداردا يىغىڭلار؛ ھەر ئادەم ئۆز چېدىرىدىكى

**10:16** مس. 21:13

**12:16** **«گۇگۇم»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئىككى كەچ ئارىلىقىدا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. 6:12 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**12:16** يۇھ. 58،49:6

**13:16** چۆل. 31:11؛ زەب. 40:105

**15:16** يۇھ. 31:6؛ 1كور. 3:10

كىشىلەر ئۈچۈن يىغىڭلار» ـ دېدى.
17 ئىسرائىللار شۇنداق قىلىپ، بەزىسى كۆپرەك، بەزىسى ئازراق
يىغىۋالدى. 18 ئۇلار ئۇنى ئومەر مىقدارى بىلەن ئۆلچىۋىدى، كۆپ
يىغقانلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتمىدى، ئاز يىغقانلارنىڭمۇ
كەملىك قىلمىدى؛ ھەربىر كىشى ئۆز يەيدىغىنىغا قاراپ يىغقا
نىدى. 19 مۇسا ئۇلارغا: ـ ھېچقانداق ئادەم بۇلاردىن ھېچنېمىنى
ئەتىگە قالدۇرمىسۇن، دېدى.
20 شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار مۇسانىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى؛ بەزىلەر
ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى ئەتىگە ساقلاپ قويدى. ئەمما ساقلاپ
قويغىنى قۇرتلاپ سېسىپ كەتتى. بۇ ئىش ئۈچۈن مۇسا ئۇلارغا
خاپا بولۇپ ئاچچىقلاندى. 21 شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھەر
ئەتىگىنى چىقىپ ئۆز يەيدىغىنىغا قاراپ يىغىۋالاتتى؛ قالغانلىرى
بولسا ئاپتاپ چىققاندا ئېرىپ كېتەتتى.
22 لېكىن ئالتىنچى كۈنى شۇنداق بولدىكى، ئۇلار كۈنلۈك ئوزۇقنىڭ
ئىككى ھەسسىسىنى يىغدى؛ دېمەك، ھەربىر كىشى ئۈچۈن ئىككى

---

16:16 **«بىر ئومەر»** ــ «ئەفاھ»نىڭ ئوندىن بىر قىسمى، يەنى ئىككى لىترچە ئىدى.

18:16 **«ھەربىر كىشى ئۆز يەيدىغىنىغا قاراپ يىغقانىدى»** ــ يەنە بىر تەرجىمىسى: «ھەممەيلەننىڭ يىغىۋالغىنى ئۆز ئېھتىياجىغا دەلمۇدەل ئىدى».

—بۇ ئايەتنى ئىككى خىل چۈشىنىش مۇمكىن: ــ (1) خۇدانىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بىر كىشى ئۈچۈن دەل بىر ئومەر مىقداردا يېمەكلىك تەقدىم قىلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن يىغقاندىن كېيىن، ئومەر مىقدارى بىلەن ئۆلچىگىنىدە، ئوزۇق-تۈلۈك («ماننا»)نى ئارتۇق يىغىۋالغان كىشى ئاز يىغقان كىشىگە كەم بولغاننى تولدۇرۇپ بېرەتتى. ئاخىر ھەممە كىشىگە كېرەك بولغان يېمەكلىك تەڭ تەمىن ئېتىلەتتى. بۇ مۆجىزە ئەمەس، تەبىئىي ئىش ئىدى.

—(2) خەلق مەيلى كۆپ ماننا يىغقان بولسۇن، ياكى ئازراق يىغقان بولسۇن، خۇدانىڭ كارامىتى بىلەن يىغىۋالغىنى دەل ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس بولدى. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى مۆجىزە ئىدى، ئەلۋەتتە. «ماننا»نىڭ ھەر كۈنى ئاسماندىن چۈشۈشى مۆجىزە بولۇپلا قالماي، ماننانىڭ مىقدارىمۇ دەل ھەممەيلەنگە كېرەك بولغانغا باراۋەر ئىدى.

—بىزنىڭچە، «كورىنتلىقلار (2)» 15:8 بويىچە، بىرىنچى چۈشەنچە توغرا بولسا كېرەك؛ چۈنكى شۇ ئايەتتە روسۇل پاۋلۇس «ماننا يىغىش» دېگەن ئىشنى مىسال قىلىپ، خۇدانىڭ بەندىلىرىنى بىر-بىرىگە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

**18:16** 2كور. 15:8

ئىسرائىللارنىڭ «مىسىردىن چىقىش»تىكى سەپىرى - مىسىردىن قانائانغىچە بولغان سەپەر




ئومەر مىقداردا يىغىۋالدى؛ ئاندىن جامائەت ئەمىرلىرى ھەممىسى
كېلىپ بۇنى مۇساغا ئېيتتى.
23 مۇسا ئۇلارغا: ــ مانا پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنى: ــ ئەتە
ئارام كۈنى، پەرۋەردىگارغا ئاتالغان مۇقەددەس شابات كۈنى
بولىدۇ؛ پىشۇرىدىغىنىڭلارنى پىشۇرۇپ، قاينىتىدىغىنىڭلارنى
قاينىتىپ، ئېشىپ قالغاننىڭ ھەممىسىنى ئەتىگە ساقلاپ
قويۇڭلار، ــ دېدى.
24 ئۇلار مۇسا بۇيرۇغاندەك، ئېشىپ قالغاننى ئەتىسىگە ساقلاپ
قويۇۋىدى، ئۇلار سېسىپ قالمىدى، قۇرۇتلاپمۇ كەتمىدى. 25 مۇسا
ئۇلارغا: ــ بۇنى بۈگۈن يەڭلار؛ چۈنكى بۈگۈن پەرۋەردىگارغا ئاتالغان
شابات كۈنى بولغىنى ئۈچۈن بۈگۈن دالادىن تاپالمايسىلەر. 26 ئالتە
كۈن سىلەر يىغساڭلار بولىدۇ؛ لېكىن يەتتىنچى كۈنى شابات
بولغىنى ئۈچۈن ئۇ كۈندە ھېچنېمە تېپىلمايدۇ، ــ دېدى.

[27] ھالبۇكى، يەتتىنچى كۈنى خەلقتىن بىرنەچچىسى ئوزۇق-تۈلۈك
يىغقىلى چىقىشۋىدى، ھېچنېمە تاپالمىدى. [28] پەرۋەردىگار مۇساغا:
«سىلەر قاچانغىچە مېنىڭ ئەمرلىرىم ۋە قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمنى
تۇتۇشنى رەت قىلىسىلەر؟ [29] مانا، پەرۋەردىگار سىلەرگە شابات كۈنىنى
بېكىتىپ بەردى؛ شۇڭا يەتتىنچى كۈنى ھەربىرىڭلارنى ئۆز ئورنىدا
تۇرۇپ، سىرتلارغا چىقمىسۇن دەپ، ئالتىنچى كۈنى ئىككى كۈنلۈك ئوزۇق
بېرىدۇ»، ــ دېدى. [30] شۇنىڭ بىلەن خەلق يەتتىنچى كۈنى ئارام ئالدى.
[31] ئىسرائىللار بۇ ئوزۇقنى «ماننا» دەپ ئاتىدى؛ ئۇنىڭ شەكلى
يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىدەك، رەڭگى ئاق بولۇپ، تەمى ھەسەلگە مىلەنگەن
قوتۇرماچقا ئوخشايتتى.
[32] مۇسا ئۇلارغا: ــ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى شۇكى، ــ كېيىنكى
ئەۋلادلىرىڭلارغا مەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىققاندا، مەن
سىلەرگە چۆلدە يېيىشكە ئاتا قىلغانناننى كۆرسىتىش ئۈچۈن،
ئۇنىڭدىن كومزەككە بىر ئومەر توشقۇزۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ساقلاپ
قويۇڭلار، ــ دېدى.
[33] مۇسا ھارۇنغا: ــ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭلارغا كۆرسىتىشكە ساقلاش
ئۈچۈن بىر كومزەكنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئومەر مىقداردا ماننا
سېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا قويۇپ قويغىن، ــ دېدى.
[34] كېيىن، ھارۇن پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغاندەك كومزەكنى ساقلاش
ئۈچۈن ئۇنى ھۆكۈم-گۇۋاھلىقساندۇقىنىڭ ئالدىدا قويۇپ قويدى.

---

**31:16 «ماننا»** ــ «نېمە بۇ؟» دېگەن مەنىدە (15-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**31:16** چۆل. 7:11

**33:16** ئىبر. 4:9

**34:16 «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق»** ــ مۇشۇ يەردە «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق» خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بەرمەكچى بولغان تۆت ئەمرلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسرائىل بىلەن بولىدىغان ئەھدىسىنى كۆرسىتىدۇ (20-بابنى كۆرۈڭ). خۇدانىڭ مۇقەددەس ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى شۇ ئەمرلەردە ئايان قىلىنغاچقا، «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇ ئەمرلەر «ئەھدە ساندۇقى» ئىچىدە ساقلاقلىق تاش تاختايلار ئۈستىگە پۈتۈلگەن (20:40نى كۆرۈڭ). **«... ئۇنى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنىڭ ئالدىدا قويۇپ قويدى»** ــ ئەھدە ساندۇقىنىڭ تەسۋىرىنى بىلىش ئۈچۈن 25-باب، 10-22-ئايەتلەرگە

[35] شۇ تەرىقىدە ئىسرائىللار ئادەم ئولتۇراقلاشقان بىر زېمىنغا يېتىپ
كەلگۈچە قىرىق يىل «ماننا» يېدى؛ ئۇلار قانائان زېمىنىنىڭ
چېگرالىرىغا يەتكۈچە ماننا يېدى.
[36] ئەينى چاغدا بىر «ئومەر» «ئەفاھ»نىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر ئىدى.

## قورام تاشتىن چىققان سۇ

17 [1] ئاندىن پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى قوپۇپ، سىن چۆلىدىن
چىقىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە سەپەر قىلىپ،
رەفىدىم دېگەن يەرگە كېلىپ چېدىرلىرىنى تىكتى. ئەمما ئۇ يەردە
خەلققە ئىچكىلى سۇ يوق ئىدى. [2] شۇنىڭ بىلەن خەلق مۇسا بىلەن
جېدەللىشىپ: ــ بىزگە ئىچكىلى سۇ بەرگىن! ــ دېدى. لېكىن مۇسا
ئۇلارغا: ــ نېمىشقا مېنىڭ بىلەن جېدەللىشىسىلەر؟ نېمىشقا
پەرۋەردىگارنى سىناىسىلەر؟ ــ دېدى.
[3] لېكىن خەلق چاڭقاپ، سۇ تەلەپ قىلىپ، مۇسادىن ئاغرىنىپ
غوتۇلدىشىپ: ــ سەن نېمىشقا بىزنى، بالىلىرىمىزنى ۋە مېلىمىزنى
ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئۆلتۈرۈشكە مىسىردىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ ــ دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارغا پەرياد كۆتۈرۈپ: ــ بۇ خەلقنى
قانداق قىلسام بولار؟! ئۇلار ھېلىلا مېنى چالما-كېسەك قىلىشى
مۇمكىن! ــ دېدى.
[5] پەرۋەردىگار مۇساغا جاۋابەن: ــ سەن ئىسرائىلنىڭ
ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچىسىنى بىللە ئېلىپ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ
چىقىپ، نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۇرغىنىڭدا ئىشلەتكەن

قارالسۇن. «ئىبر.» 9:4تىن قارىغاندا، «ماننا» كومزىكى كېيىنكى ۋاقىتتا ئەھدە ساندۇقى **ئىچىگە**،
مۇقەددەس قانۇن تاشلىرى ئالدىغا قويۇلغان.

**35:16** يە. 12:5؛ نەھ. 15:9

**2:17** چۆل. 3:20، 4

هاساڭنى قولۇڭغا ئېلىپ خەلقنىڭ ئالدىغا بارغىن؛ 6مانا،
مەن شۇ يەردە، ھورەب تېغىدىكى قورام تاشنىڭ ئۈستىدە سېنىڭ
ئالدىڭدا تۇرىمەن؛ سەن قورام تاشنى ئۇرغىن. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن
خەلققە ئىچكىلى سۇ چىقىدۇ، ــ دېدى.
مۇسا ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق قىلدى.
7مۇسا ئىسرائىللارنىڭ جېدەللەشكىنى ۋە ئۇلارنىڭ «پەرۋەردىگار
زادى ئارىمىزدا بارمۇ-يوقمۇ؟» دېيىشىپ پەرۋەردىگارنى سىنىغىنى
ئۈچۈن، ئۇ يەرنى «ماسساھ» ۋە «مەرىباھ» دەپ ئاتىدى.

## ئامالەكلەر بىلەن جەڭ قىلىش

8شۇ چاغدا ئامالەكلەر كېلىپ رەفىدىمدە ئىسرائىلغا ھۇجۇم قى
لدى. 9مۇسا يەشۇئاغا: سەن ئۆزىمىزدىن ئامالەك بىلەن جەڭ
قىلىشقا ئادەم تاللىغىن. مەن ئەتە خۇدانىڭ ھاسىسىنى قولۇمغا
ئېلىپ دۆڭنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ تۇرىمەن، دېدى. 10يەشۇئا مۇسا
بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ، ئامالەكلەر بىلەن جەڭ قىلدى. مۇسا،
ھارۇن ۋە خۇر دۆڭنىڭ چوققىسىغا چىقتى. 11شۇنداق بولدىكى،
مۇسا قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرسا، ئىسرائىل غالىب كېلەتتى، لېكىن
ئۇ قوللىرىنى پەسكە چۈشۈرۈپ تۇرسا، ئامالەك غالىب كېلەتتى.
12مۇسانىڭ قوللىرى ئېغىرلىشىپ كەتتى؛ ئۇلار بىر تاشنى ئېلىپ
كېلىپ ئۇنىڭ ئاستىغا قويدى؛ ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى؛ ئاندىن
ھارۇن بىلەن خۇر بىرى بىر تەرىپىدە، بىرى يەنە بىر تەرىپىدە ئۇنىڭ
قوللىرىنى يۆلەپ تۇردى؛ بۇ تەرىقىدە ئۇنىڭ قوللىرى تاكى كۈن

---

**5:17** مىس. 20:7

**6:17** **«ھورەب تېغى»** ــ سىناي تېغىنىڭ باشقا بىر ئىسمى.

**6:17** چۆل. 9:20؛ زەب. 78:15-16؛ 114:8؛ 1كور. 10:4

**7:17** **«ماسساھ»** ــ «سىناش» دېگەن مەنىدە، «مەرىباھ» ــ «جېدەل-ماجرا» دېگەن مەنىدە

**8:17** قان. 25:17،18

**9:17** **«سەن ئۆزىمىزدىن ئامالەك بىلەن جەڭ قىلىشقا ئادەم تاللىغىن»** ــ ياكى «سەن ئۆزىمىزگە ئادەملەرنى تاللاپ، ئامالەك بىلەن سوقۇشقىلى چىققىن».

پاتقۇچە مەزمۇت تۇردى. [13] شۇنداق قىلىپ، يەشۇئا ئامالەك ۋە ئۇنىڭ
خەلقىنى قىلىچلاپ نابۇت قىلدى.
[14] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ بىر ئەسلىمە بولسۇن دەپ بۇ ئىشلارنى
بىر كىتابقا يېزىپ قالدۇرغىن، شۇنداقلا شۇلارنى يەشۇئانىڭ
قۇلاقلىرىغا ئوقۇپ بەر؛ چۈنكى مەن ئامالەكنىڭ نامىنى
ئاسمانلارنىڭ ئاستىدىن، ھەتتا ئادەملەرنىڭ ئېسىدىنمۇ مۇتلەق
ئۆچۈرۈۋېتىمەن، دېدى.
[15] ئاندىن مۇسا بىر قۇربانگاھنى ياساپ، نامىنى «پەرۋەردىگار
تۇغۇمدۇر» دەپ ئاتىدى [16] ۋە مۇسا: ــ ياھنىڭ تەختى ئالدىدا بىر
قول كۆتۈرۈلۈپ: ــ «پەرۋەردىگار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئامالەككە
قارشى جەڭ قىلىدۇ» دېيىلگەنىدى، ــ دېدى.

## يەترونىڭ مۇسانى زىيارەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشى

18 [1] مۇسانىڭ قېيىنئاتىسى، يەنى مىدىيانىنىڭ كاھىنى يەترو
خۇدانىڭ مۇسا ئۈچۈن ھەمدە ئۆز خەلقى ئىسرائىل ئۈچۈن
بارلىق قىلغانلىرى توغرۇلۇق ئاڭلىدى، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ
ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقارغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. [2-3] شۇنىڭ
بىلەن مۇسانىڭ قېيىنئاتىسى يەترو مۇسانىڭ ئەسلىدە ئۆز يېنىغا

**13:17 «قىلىچلاپ،...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ،...».

**14:17** چۆل. 20:24؛ قان. 17:25، 18، 19؛ 1سام. 2:15، 3

**15:17 «پەرۋەردىگار تۇغۇمدۇر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ياھۋەھ-نىسسى».

**16:17 «ياھ»** ــ «ياھۋەھ» (پەرۋەردىگار)نىڭ قىسقارتىلما شەكلىدۇر. **«ياھنىڭ تەختى ئالدىدا بىر قول كۆتۈرۈلۈپ: ....»** ــ كىمنىڭ قولىنىڭ خۇدانىڭ تەختى ئالدىدا كۆتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق ئېيتىلمايدۇ؛ بىزنىڭچە بۇ سىرلىق ئىش ئەرشتە خۇدانىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، قەسەم قىلىپ «كۆتۈرۈلگەن قول» بولسا «پەرۋەردىگارنىڭ قولى» («يەش.» 10:25، 20:41، 1:53، 14:66، «يەھ.» 38:12)، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ **قولى**» بولغان مەسىھ («يەش.» 1:42، 19، 6:49، 13:52)نى كۆرسەتسە كېرەك.

**16:17** 1سام. 2:15

**1:18** مىس. 16:2؛ 1:3

ئەۋەتىۋەتكەن ئايالى زىپپوراھ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ
يولغا چىقتى (بىرىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى گەرشوم دەپ قويۇلغانىدى؛
چۈنكى مۇسا: «مەن ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن»
دېگەنىدى. [4] يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئەلىئېزەر دەپ قويۇلغانىدى؛ چۈنكى
مۇسا: «ئاتامنىڭ خۇداسى ماڭا ياردەمدە بولۇپ، مېنى پىرەۋننىڭ
قىلىچىدىن قۇتقۇزدى»، دېگەنىدى). [5] شۇنداق قىلىپ مۇسانىڭ
قېينئاتىسى يەترو مۇسانىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئايالىنى ئېلىپ،
مۇسانىڭ چۆلدە، خۇدانىڭ تېغىنىڭ يېنىدا چېدىر تىككەن
يېرىگە يېتىپ كەلدى.
[6] ئۇ ئەسلىدە مۇساغا: ــ «مانا، مەنكى قېينئاتاڭ يەترو
سېنىڭ ئايالىڭنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ يېنىڭغا
كېتىۋاتىمەن» دەپ خەۋەر ئەۋەتكەنىدى. [7] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئۆز
قېينئاتىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، تەزىم قىلىپ، ئۇنى سۆيدى. ئۇلار
بىر-بىرىدىن ھال-ئەھۋال سورىشىپ چېدىرغا كىردى؛ [8] ئاندىن
مۇسا قېيناتىسىغا ئىسرائىلنىڭ ۋەجىدىن پەرۋەردىگارنىڭ
پىرەۋن ۋە مىسىرلىقلارغا قىلغان ھەممە ئەمەللىرىنى سۆزلەپ،
ئۇلارنىڭ يول بويى بېشىغا چۈشكەن جەبىر-جاپالارنى بايان
قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ قانداق قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزغىنىنى
ئېيتىپ بەردى.
[9] بۇنى ئاڭلاپ يەترو پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلغا كۆرسەتكەن
بارلىق ياخشىلىقىدىن، ئۇلارنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزغانلىقىدىن شادلاندى. [10] يەترو شادلىنىپ: ــ سىلەرنى
مىسىرلىقلارنىڭ ۋە پىرەۋننىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان پەرۋەردىگارغا
تەشەككۈرلەر بولغاي! ئۇ بۇ قوۋمنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى!
[11] مەن پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئىلاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى
ئەمدى بىلدىم؛ چۈنكى ئۇ دەل ئۇلار يوغانچىلىق قىلغان ئىشتا ئۇلارنىڭ

---

4:18 **«ئەلىئېزەر»** ــ «خۇدايىم ياردەمدۇر» دېگەن مەنىدە.

ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇردىغانلىقىنى نامايان قىلدى ــ دېدى.
[12] ئاندىن مۇسانىڭ قېيىنئاتىسى يەترو خۇداغا ئاتاپ بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە بىرنەچچە تەشەككۇر قۇربانلىقلىرىنى ئېلىپ كەلدى؛ ھارۇن بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەربىر ئاقساقىلى مۇسانىڭ قېيىنئاتىسى بىلەن بىللە خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا تائام يېيىشكە كەلدى.

## يەترونىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتى

[13] ئەتىسى مۇسا خەلقنىڭ ئىش-دەۋالىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئولتۇردى؛ خەلق ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە مۇسانىڭ چۆرىسىدە تۇرۇشتى. [14] مۇسانىڭ قېيىنئاتىسى ئۇنىڭ خەلقى ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنى كۆرگەندە ئۇنىڭدىن: ــ سېنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان بۇ ئىشىڭ زادى نېمە ئىش؟ نېمىشقا سەن بۇ ئىشتا يالغۇز ئولتۇرىسەن، بارلىق خەلق نېمە ئۈچۈن ئەتىگەندىن كەچكىچە سېنىڭ چۆرەڭدە تۇرىدۇ؟ ــ دېدى.
[15] مۇسا قېيىنئاتىسىغا جاۋاب بېرىپ: ــ خەلق خۇدادىن يول ئىزدەشكە مېنىڭ قېشىمغا كېلىدۇ. [16] قاچانكى ئۇلارنىڭ بىر ئىش-دەۋاسى چىقسا ئۇلار يېنىمغا كېلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىمەن ۋە شۇنداقلا خۇدانىڭ قانۇن-بەلگىلىمىلىرىنى ئۇلارغا بىلدۈرىمەن، ــ دېدى.
[17] مۇسانىڭ قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا: ــ بۇ قىلغىنىڭ ياخشى بولماپتۇ. [18] سەن جەزمەن ئۆزۈڭنى ھەمدە چۆرەڭدە تۇرغان خەلقنىمۇ

---

**11:18 «ئۇلار يوغانچىلىق قىلغان ئىشتا»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۇلار» ساختا ئىلاھلار، بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ (12:12، 11:15نى كۆرۈڭ). بەزى ئالىملار بۇ سۆز مىسىرلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ
**11:18** مىس. 1:10،16،22؛ 5:7؛ 14:18

**12:18 «تەشەككۇر قۇربانلىقلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «زەباق» دېيىلىدۇ. ھارۇن ۋە ئاقساقاللارنىڭ يەترو بىلەن بىللە شۇ قۇربانلىقلاردىن يېگەنلىكى ئۇلارنىڭ تەشەككۇر قۇربانلىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى «تەشەككۇر قۇربانلىقلىرى»دىن سۇنغۇچى كىشىمۇ يېسە بولاتتى.

چارچىتىپ قويسەن؛ چۈنكى بۇ ئىش ساڭا بەك ئېغىر كېلىدۇ. سەن ئۇنى يالغۇز قىلىپ يېتىشەلمەيسەن. [19] ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، مەن ساڭا بىر مەسلىھەت بېرەي ۋە شۇنداق قىلساڭ، خۇدا سېنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ: ــ سەن ئۆزۈڭ خۇدانىڭ ئالدىدا خەلقنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى خۇداغا مەلۇم قىلغىن؛ [20] سەن خەلققە قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى ئۆگىتىپ، ماڭىدىغان يولنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قانداق بۇرچى بارلىقىنى ئۇقتۇرغىن. [21] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سەن پۈتكۈل خەلقنىڭ ئارىسىدىن خۇدادىن قورقىدىغان، نەپسانىيەتچىلىكنى يامان كۆرىدىغان ھەم قابىلىيەتلىك ھەم دىيانەتلىك ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارنى خەلقنىڭ ئۈستىگە باش قىلىپ، بەزىسىنى مىڭبېشى، بەزىسىنى يۈزبېشى، بەزىسىنى ئەللىكبېشى، بەزىسىنى ئونبېشى قىلىپ تەيىنلىگىن. [22] شۇنىڭ بىلەن بۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا خەلقنىڭ ئىش-دەۋالىرىنى سورايدۇ. ئەگەر چوڭ بىر ئىش-دەۋا چىقىپ قالسا، بۇنى ساڭا تاپشۇرسۇن؛ لېكىن ھەممە كىچىك ئىش-دەۋالارنى ئۇلار ئۆزلىرى بېجىرسۇن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار سېنىڭ ۋەزىپەڭنى يېنىكلىتىپ، يۈكۈڭنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدۇ. [23] ئەگەر شۇنداق قىلساڭ ۋە خۇدا ساڭا شۇنداق بۇيرۇسا، ئۆزۈڭ ۋەزىپەڭدە پۇت تىرەپ تۇرالايسەن ۋە خەلقىڭمۇ خاتىرجەملىك بىلەن ئۆز جايىغا قايتىپ كېتىدۇ، دېدى.

[24] مۇسا قېيىنئاتىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ دېگىنىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. [25] مۇسا پۈتكۈل ئىسرائىل ئارىسىدىن قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى تاللاپ، ئۇلارنى خەلقنىڭ ئۈستىگە باش قىلىپ، بەزىسىنى مىڭبېشى، بەزىسىنى يۈزبېشى، بەزىسىنى ئەللىكبېشى، بەزىسىنى ئونبېشى قىلىپ قويدى. [26] بۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا خەلقنىڭ ئىش-دەۋالىرىنى سوراپ تۇردى؛ تەسرەك ئىش-

---

**21:18 «دىيانەتلىك ئادەملەر»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ھەقىقەتكە تەۋە ئادەملەر».

**24:18** قان. 9:1

دەۋالارنى بولسا، مۇساغا يوللايتتى، كىچىك ئىش-دەۋالارنى بولسا
ئۆزلىرى سورايتتى.
27 ئاندىن مۇسا قېيىنئاتىسىنى يولغا سېلىپ قويدى، ئۇ ئۆز يۇرتىغا
قايتىپ كەتتى.

## ئىسرائىللار سىناي تېغىدا

19 1 ئىسرائىللار مىسىر زېمىنىدىن چىقىپ، دەل ئۈچىنچى
ئېيىنىڭ باشلانغان كۈنى سىناي چۆلىگە يېتىپ كەلدى.
2 ئۇلار رەفىدىمدىن چىقىپ، سىناي چۆلىگە يېتىپ كېلىپ، چۆلدە
چېدىر تىكتى؛ ئىسرائىل شۇ يەردە، تاغنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ چېدىر
تىكتى. 3 مۇسا خۇدانىڭ ئالدىغا چىقۇدى، پەرۋەردىگار تاغدىن
ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ سەن ياقۇپنىڭ جەمەتىگە
سۆز قىلىپ، ئىسرائىللارغا مۇنۇ خەۋەرنى يەتكۈزگىن: ــ 4 «مېنىڭ
مىسىرلىقلارغا نېمە قىلغىنىمنى، شۇنداقلا مەن سىلەرنى خۇددى
بۈركۈت باللىرىنى قاناتلىرىغا مىندۈرۈپ ئېلىپ يۈرگەندەك، ئۆز
قېشىمغا ئېلىپ كەلگىنىمنى ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار. 5 ئەمدى سىلەر
دەرھەقىقەت مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئەھدەمنى تۇتساڭلار، ئۇنداقتا
بارلىق ئەللەرنىڭ ئارىسىدا ماڭا خاس بىر گۆھەر بولىسىلەر ــ چۈنكى
پۈتكۈل يەر مېنىڭكىدۇر ــ 6 ۋە سىلەر ماڭا كاھىنلاردىن تەركىب
تاپقان خاس بىر پادىشاھلىق ۋە مۇقەددەس بىر قوۋم بولىسىلەر». مانا

---

**1:19 «ئۈچىنچى ئېيىنىڭ باشلانغان كۈنى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى بويىچە «ئۈچىنچى ئاي» يىلنىڭ (كالېندارنىڭ) ئۈچىنچى ئېيىنى كۆرسىتىدۇ.

**3:19** روس. 38:7

**4:19 «خۇددى بۈركۈت باللىرىنى قاناتلىرىغا مىندۈرۈپ ئېلىپ يۈرگەندەك،...»** ــ بەزىدە ئانا بۈركۈت باللىرىغا ئۇچۇشنى ئۆگەتكەندە ئۇلارنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئۇچىدۇ.

**4:19** قان. 1:29؛ 11:32

**5:19** قان. 6:7؛ 14:10،15؛ 2:14؛ 18:26؛ زەب. 4:135؛ يەش. 8:41؛ تىت. 14:2

بۇ سەن ئىسرائىللارغا دېيىشىڭ كېرەك بولغان سۆزلەردۇر، ــ دېدى.
[7]شۇنىڭ بىلەن مۇسا يېنىپ كېلىپ، خەلقنىڭ ئاقساقاللىرىنى
چاقىرتىپ، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بۇيرۇغان شۇ سۆزلەرنىڭ
ھەممىسىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى.
[8]خەلقنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: ــ پەرۋەردىگار بۇيرۇغانىنىڭ
ھەممىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىمىز! ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن
مۇسا خەلقنىڭ جاۋاب سۆزلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ قېشىغا بېرىپ
يەتكۈزدى.
[9]پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ مانا، مەن ساڭا سۆز قىلغىنىمدا خەلق
ئاۋازىمنى ئاڭلىسۇن، ھەمىشە ساڭا ئىشەنسۇن دەپ، يېنىڭغا
قارا بۇلۇتنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە كېلىمەن، دەپ ئېيتتى.
مۇسامۇ خەلقنىڭ دېگەنلىرىنى پەرۋەردىگارغا ئاڭلاتتى.
[10]پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە: ــ سەن خەلقنىڭ قېشىغا بېرىپ،
بۈگۈن ۋە ئەتە ئۇلارنى پاك-مۇقەددەس قىلىپ، كىيىم-
كېچەكلىرىنى يۇدۇرغىن. [11]ئۇلار ئۈچىنچى كۈنگە تەييار
تۇرسۇن؛ چۈنكى ئۈچىنچى كۈنى بارلىق خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا
پەرۋەردىگار سىناي تېغىغا چۈشىدۇ. [12]سەن خەلق ئۈچۈن
تاغنىڭ ئەتراپىغا بىر پاسىل قىلىپ، ئۇلارغا: «سىلەر
ئېھتىيات قىلىڭلار، تاغقا چىقماڭلار ياكى ئۇنىڭ ئېتىكىگە
تېگىپ كەتمەڭلار. كىمكى تاغقا تەگسە ئۆلتۈرۈلمەي قالماي
دۇ؛ [13]ئۇنىڭغا ھەتتا بىرەر قولى تېگىپ كەتسىمۇ، چالما-
كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى ئوق ئېتىپ ئۆلتۈرۈلسۇن.
مەيلى ھايۋان ياكى ئىنسان بولسۇن، شۇنداق قىلسا،

**6:19 «سىلەر ماڭا كاھىنلاردىن تەركىب تاپقان خاس بىر پادىشاھلىق ... بولىسىلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سىلەر ماڭا پادىشاھلار ۋە كاھىنلار ...بولىسىلەر».

**6:19** 1پېت. 9:2

**8:19** مىس. 3:24

**12:19 «خەلق ئۈچۈن تاغنىڭ ئەتراپىغا»** ــ ياكى «خەلق ئەتراپىغا».

**12:19** ئىبر. 18:12

تىرىك قالدۇرۇلمىسۇن» ــ دەپ ئېيتقىن. لېكىن كاناي ئۇزۇن
چېلىنسا، ئۇلار تاغنىڭ تۈۋىگە چىقسۇن، دېدى.
[14] مۇسا تاغدىن چۈشۈپ خەلقنىڭ قېشىغا بېرىپ، خەلقنى خۇداغا ئاتاپ
مۇقەددەس قىلدى؛ ئۇلار كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇدى. [15] ئاندىن مۇسا
خەلققە: ــ ئۈچىنچى كۈنگە تەييار تۇرۇڭلار؛ ھېچكىم ئايالى بىلەن
يېقىنچىلىق قىلمىسۇن، دېدى.
[16] ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا، تاڭ يورۇشى بىلەن شۇنداق بولدىكى،
گۈلدۈرماملار گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، تاغ ئۈستىدە قويۇق
بىر پارچە بۇلۇت پەيدا بولدى، زور قاتتىق چېلىنغان كانايىنىڭ
ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنى كۆرۈپ چېدىرگاھدىكى پۈتكۈل خەلق
قورقۇنچىدىن تىترەپ كەتتى. [17] مۇسا خەلقنى خۇدانىڭ ئالدىدا
ھازىر بولۇشقا چېدىرگاھدىن ئېلىپ چىقتى. ئۇلار كېلىپ
تاغنىڭ تۈۋىدە ئۆرە تۇردى. [18] پەرۋەردىگار سىناي تېغىغا ئوتتا
چۈشۈپ كەلگىنى ئۈچۈن ئىس-تۈتەك پۈتكۈل تاغنى قاپلىدى؛
ئىس-تۈتەك خۇمداندىن ئۆرلىگەن ئىس-تۈتەكتەك ئۈستىگە
ئۆرلەپ چىقتى. پۈتكۈل تاغ قاتتىق تەۋرىنىشكە باشلىدى.
[19] كاناي ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ ئىنتايىن قاتتىق چىقتى.

---

**13:19** **«ئۇنىڭغا ... تېگىپ كەتسىمۇ»** ــ دېمەك تاغقا تېگىش. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇنىڭغا (تاغقا تەگكەن كىشىگە) ئادەمنىڭ قولى تەگمىسۇن...». **«چالما-كېسەك قىلىنسۇن ياكى ئوق ئېتىپ ئۆلتۈرۈلسۇن»** ــ دېمەك، تاغقا تەگكەن كىشىنى ئۆلتۈرۈشى كېرەك؛ بىراق خىلاپلىق قىلغان ئۇنداق بىر كىشىنى تاغ ئېتىكىدە (قەتئىي چەكلەنگەن جايغا كىرگەنلىكى سەۋەبلىك) ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا تەگسە ياكى ئۇنىڭغا يېقىن بارسا بولمايتتى؛ شۇڭا ئۇنى چالما-كېسەك قىلىش ياكى ئوق بىلەن ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىدى. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «(خۇدا تەرىپىدىن) ئۆلتۈرۈلىدۇ».

**15:19** 1سام. 4:21؛ 1كور. 5:7

**16:19** **«گۈلدۈرماملار»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئاۋازلار». **«كانايىنىڭ ئاۋازى»** ــ ياكى «بۇرغا ئاۋازى».

**16:19** ئىبر. 18:12

**17:19** قان. 4:10،11

**18:19** ھاك. 4:5؛ زەب. 8:68؛ 18:77؛ 4:114؛ 5:144؛ ھاب. 10:3

مۇسا سۆز قىلىۋىدى، خۇدا ئاشكارا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن جاۋاب
بەردى. [20] پەرۋەردىگار ئۆزى سىناي تېغىغا، تاغنىڭ چوققىسىغا
چۈشتى؛ ئاندىن پەرۋەردىگار مۇسانى تاغنىڭ چوققىسىغا
چاقىرىۋىدى، مۇسا تاغقا چىقتى.
[21] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ سەن چۈشۈپ خالايىقنى ئاگاھلاندۇرۇپ:
ئۇلار «پەرۋەردىگارنى كۆرىمىز» دەپ پاسىلدىن بۆسۈپ ئۆتمىسۇن؛
ئۇنداق قىلسا، ئۇلاردىن كۆپ ئادەم ھالاك بولىدۇ، دەپ ئېيتقىن.
[22] پەرۋەردىگارغا يېقىن كېلەلەيدىغان كاھىنلارمۇ ئۆزلىرىنى
ماڭا ئاتاپ مۇقەددەس قىلسۇن؛ بولمىسا، پەرۋەردىگار سېپىلنى
بۆسكەندەك ئۇلارغا ھالاكەت يەتكۈزىدۇ، ــ دېدى.
[23] مۇسا پەرۋەردىگارغا: ــ خالايىقنىڭ سىناي تېغىغا چىقىشى مۇمكىن
ئەمەس؛ چۈنكى سەن ئۆزۈڭ بىزگە قاتتىق ئاگاھلاندۇردۇڭ: تاغنى
«مۇقەددەس» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا پاسىللارنى بېكىتكىن،
دەپ ئەمر قىلدىڭ، ــ دېدى.
[24] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ ماڭ، سەن چۈشۈپ كەتكىن. ئاندىن سەن ھارۇننى
ئېلىپ، بىللە چىققىن؛ لېكىن كاھىنلار ۋە خەلق بولسا پەرۋەردىگارنىڭ
قېشىغا بارايلى دەپ پاسىلدىن بۆسۈپ ئۆتمىسۇن؛ بولمىسا، پەرۋەردىگار
سېپىلنى بۆسكەندەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ، ــ دېدى.
[25] شۇنىڭ بىلەن مۇسا خەلقنىڭ قېشىغا چۈشۈپ، ئۇلارغا بۇ سۆزنى
يەتكۈزدى.

## ئون پەرز

20 [1] خۇدا مۇنۇ بارلىق سۆزلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2] مەن سېنى «قۇللۇق ماكانى» بولغان مىسىر زېمىنىدىن
چىقىرىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭدۇرمەن.
[3] سېنىڭ مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھىڭ بولمايدۇ.

**2:20** مىس. 3:13؛ قان. 6:5؛ زەب. 10:81

4 سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەيلى يۇقىرىدىكى ئاسماندا بولسۇن، مەيلى تۆۋەندىكى زېمىندا بولسۇن، ياكى يەر ئاستىدىكى سۇلاردا بولسۇن، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىدىكى ھېچقانداق ئويما شەكلىنى ياسىما.

5 سەن بۇنداق نەرسىلەرگە باش ئۇرما ياكى ئۇلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرمە. چۈنكى مەنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ۋاپاسىزلىققا ھەسەت قىلغۇچى تەڭرىدۇرمەن. مەندىن نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئۆزلىرىگە، ئوغۇللىرىغا، ھەتتا نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە چۈشۈرىمەن،
6 ئەمما مېنى سۆيىدىغان ۋە ئەمرلىرىمنى تۇتىدىغانلارغا مىڭ ئەۋلادىغىچە ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىق كۆرسىتىمەن.

7 پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ نامىنى قالايمىقان تىلغا ئالما؛ چۈنكى

**4:20 «سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ... ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىدىكى ھېچقانداق ئويما شەكلىنى ياسىما»** ــ 5-ئايەتتىن ئېنىق كۆرۈنىدىكى، 4-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن: «ئۆزۈڭ ئۈچۈن ... شەكلىدە.. ياسىما» دېگەن بۇ ئەمرنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئادەملەر چوقۇنۇش مەقسىتىدە ياسىغان ھەرقانداق شەكىللەردۇر. دېمەك، بۇ يازمىلاردا سەنئەتنىڭ ئۆزى ياكى بەدىئىي ئىجادىيەت، مەسىلەن رەسساملىق ياكى ھەيكەلتىراشلىق مەنئى قىلىنغان ئەمەس. مەسىلەن، «مۇقەددەس چېدىر» ۋە كېيىنكى «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»دا بىرنەچچە سۈرەتلەر (خېرۇبلار، گۈللەر، خورما دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ سۈرەتلىرى) كۆرۈنىدۇ. بۇلار بۇتلار ئەمەس، پەقەت بېزەش مەقسىتىدە ئىشلەنگەن.

**4:20** لاۋ. 1:26؛ زەب. 7:97

**5:20 «ۋاپاسىزلىققا ھەسەت قىلغۇچى تەڭرى»** ــ بۇ ئىبارە توغرۇلۇق «تەبىرلەر» ۋە «قانۇن شەرھى»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

—«مەندىن نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئۆزلىرىگە، ئوغۇللىرىغا، ھەتتا نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە چۈشۈرىمەن» ــ بۇ مۇھىم سۆز توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى، شۇنداقلا «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى ( 18-، 33-بابلار توغرۇلۇق) كۆرۈڭ.

**6:20 «ئەمرلىرىمنى تۇتىدىغانلارغا مىڭلىغان ئەۋلادىغىچە»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەمرلىرىمنى تۇتىدىغان مىڭلىغانلىرىغا...». بىراق «قان.» 9:7 تەرجىمىمىزگە ماس كېلىدۇ. **«ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىق»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىق» ئىبرانىي تىلدا «خەسەد» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇر بولۇپ، كۆپ يەرلەردە «ئۆزگەرمەس مۇھەببەت» ياكى «ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىق» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. كۆپ يەرلەردە بىر خىل ئەھدە بىلەن باغلىق بولىدۇ؛ شۇڭا سۆزنىڭ ئۆزۈنراق بىرخىل تەرجىمىسى: «مېھىر-مۇھەببەت تۈپەيلىدىن ئەھدىدە دائىم تۇرىدىغانلىقى» دېگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ سۆز «يار.» 23:21، 12:24، 10:32، «مىس.» 13:15، 6:34، 7لەردە ئىشلىتىلگەن.

**كىمدەكىم نامىنى قالايمىقان تىلغا ئالسا، پەرۋەردىگار ئۇنى گۇناھكار
ھېسابلىماي قالمايدۇ.
[8] شابات كۈنىنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ تۇتقىلى يادىڭدا ساقلىغىن.
[9] ئالتە كۈن ئىشلەپ بارلىق ئىشلىرىڭنى تۈگەتكىن؛ [10] لېكىن
يەتتىنچى كۈنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئاتالغان شابات كۈنىدۇر؛ سەن
شۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش قىلمايسەن؛ مەيلى سەن ياكى ئوغلۇڭ
بولسۇن، مەيلى قىزىڭ، مەيلى قۇلۇڭ، مەيلى دېدىكىڭ، مەيلى بۇقاڭ
ياكى سەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان مۇساپىر بولسۇن، ھېچقانداق
ئىش قىلمىسۇن. [11] چۈنكى ئالتە كۈن ئىچىدە پەرۋەردىگار ئاسمان
بىلەن زېمىننى، دېڭىز بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارىنى ياراتتى ئاندىن
يەتتىنچى كۈنىدە ئارام ئالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار شابات كۈنىنى
بەخت-بەرىكەتلىك كۈن قىلىپ، ئۇنى مۇقەددەس كۈن دەپ بېكىتتى.
[12] ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىل. شۇنداق قىلساڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ
ساڭا ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن.
[13] قاتىللىق قىلما.
[14] زىنا قىلما.
[15] ئوغرىلىق قىلما.
[16] قوشناڭ توغرۇلۇق يالغان گۇۋاھلىق بەرمە.
[17] سەن قوشناڭنىڭ ئۆي-ئىمارىتىگە كۆز قىرىڭنى سالما، نە**

**7:20** لاۋ. 12:9؛ مات. 33:5

**9:20** مىس. 12:23؛ 21:34؛ لۇقا 14:13

**10:20 «يەتتىنچى كۈنى....شابات كۈنىدۇر»** ــ ئىبرانىي تىلدا «شابات» ۋە «يەتتىنچى» دېگەنلەر ئاھاڭداش سۆز. **«سەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان»** ــ ئىبرانىي تىلدا «دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**11:20** يار. 2:2؛ ئىبر. 4

**12:20** مات. 4:15؛ ئەف. 2:6

**13:20** مات. 21:5

**14:20** مات. 27:5

**16:20 «قوشناڭ توغرۇلۇق يالغان گۇۋاھلىق بەرمە»** ــ تەۋرات-ئىنجىل بويىچە «قوشناڭ» خۇدا بىزنىڭ يېنىمىزغا يېقىن قىلغان ھەربىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

قوشناڭنىڭ ئايالى، نە ئۇنىڭ قۇلىغا، نە ئۇنىڭ دىدىكى، نە ئۇنىڭ كالىسى، نە ئۇنىڭ ئېشىكى ياكى قوشناڭنىڭ ھەرقانداق باشقا نەرسىسىگە كۆز قىرىڭنى سالما.

## خەلقنىڭ ۋەھىمىسى

[18] پۇتكۇل خەلق گۈلدۈرماملارنى، چېقىن-يالقۇنلارنى، كانايىنىڭ ئاۋازى ۋە تاغدىن ئۆرلەپ چىققان ئىس-تۈتەكلەرنى كۆردى ۋە ئاڭلىدى؛ ئۇلار بۇلارنى كۆرۈپ، تىترىشىپ يىراق تۇرۇشتى [19] ۋە مۇساغا: ــ بىزگە سەنلا سۆز قىلغايسەن، بىز ئاڭلايمىز؛ لېكىن خۇدا بىزگە ئۆزى سۆز قىلمىسۇن؛ چۈنكى ئۇنداق قىلسا ئۆلۈپ كېتىمىز، دېدى.
[20] مۇسا خالايىققا جاۋابەن: ــ قورقماڭلار؛ چۈنكى خۇدانىڭ بۇ يەرگە كېلىشى سىلەرنى سىناش ئۈچۈن، يەنى سىلەرنىڭ ئۇنىڭ دەھشەتلىكىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ، گۇناھ قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر، ــ دېدى. [21] شۇنىڭ بىلەن خالايىق نېرىدا تۇردى؛ لېكىن مۇسا خۇدا ئىچىدە تۇرغان قويۇق بۇلۇتنىڭ قېشىغا يېقىن باردى.

## قۇربانگاھ توغرىسىدىكى نىزام

[22] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ سەن بىرىپ ئىسرائىللارغا مۇنۇ سۆزلەرنى يەتكۈزگىن: «سىلەرگە ئەرشتىن سۆز قىلغىنىمنى كۆردۈڭلار. [23] سىلەر مېنىڭ ئورنۇمدا ئىلاھ دەپ كۈمۈشتىن بۇتلار ياسىماڭلار، ياكى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئالتۇندىن بۇتلارنى ياسىماڭلار.

---

**17:20** **«قوشناڭ»** ــ بۇ سۆز توغرۇلۇق يۇقىرىقى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**17:20** رىم. 7:7

**19:20** قان. 25:5؛ ئىبر. 19:12

20:20 **«سىلەرنىڭ ئۇنىڭ دەھشەتلىكىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ، گۇناھ قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر»** ــ ياكى «ئۇنىڭدىن بولغان قورقۇنچ سىزنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇپ، بۇ گۇناھ قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر».

**21:20** مىس. 17:19؛ ئىبر. 18:12

24 ــ سەن مەن ئۈچۈن تۇپراقتىن بىر قۇربانگاھ ياساپ، شۇ يەردە كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىڭنى، قوي-ئۆچكە بىلەن كالىلىرىڭنى سۇنغىن. ئومۇمەن مەن خەلققە نامىمنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلىتىدىغان بارلىق جايلاردا، يېنىڭغا كېلىپ ساڭا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىمەن.
25 ــ ئەگەر ماڭا ئاتاپ تاشلاردىن قۇربانگاھ ياسىماقچى بولساڭ، يونۇلغان تاشلاردىن ياسىمىغىن؛ چۈنكى تاشلارغا ئەسۋابىڭنى تەگكۈزسەڭ، ئۇلار ناپاك بولۇپ قالىدۇ.
26 قۇربانگاھىمغا چىقىدىغان پەلەمپەي بولمىسۇن؛ ئۇنداق بولغاندا، پەلەمپەيدىن چىققۇچە ئەۋرىتىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن»، ــ دېدى.

## قۇللارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ھۆكۈم-بەلگىلىمىلەر

21 1 ــ سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويىدىغان ھۆكۈم-بەلگىلىمىلەر مۇنۇلاردۇر: ــ
2 ئەگەر سەن بىر ئىبرانىي قۇلنى سېتىۋالغان بولساڭ، ئۇ ئالتە يىلغىچە خىزمىتىڭدە بولۇپ، يەتتىنچى يىلى تۆلەمسىز ھۆر قىلىنسۇن.
3 ئۇ قۇل قىلىنىشقا تەنھا ھالەتتە ئېلىپ كېلىنگەن بولسا، تەنھا ھالەتتە كەتسۇن. ئايالى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىنگەن بولسا، ئايالمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتسۇن.
4 ئەگەر خوجىسى ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرگەن بولسا، شۇنداقلا ئايالى ئۇنىڭغا ئوغۇل-قىزلارنى تۇغۇپ بەرگەن بولسا، ئايال بالىلىرى

---

**20:24** مس. 1:27؛ 1:38

**20:25 «تاشلارغا ئەسۋابىڭنى تەگكۈزسەڭ، ئۇلار ناپاك بولۇپ قالىدۇ»** ــ 4-ئايەتتىكى ئەمر بويىچە، خۇدانى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق سۈرەت ياكى شەكىل بولمايدۇ. بۇ ئايەتتىكى ئەمر قۇربانگاھ تاشلىرىنىڭ ئۈستىدە ھېچقانداق شەكىل-سۈرەتلەرنىڭ بولماسلىقى («ناپاك» بولمىسۇن دەپ)، بۇتپەرەسلىك گۇناھىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن.

**20:25** قان. 5:27؛ يە. 8:30، 31

**21:2** قان. 15:12؛ يەر. 34:14

بىلەن خوجىسىغا قېلىپ، ئەر يالغۇز كەتسۇن. [5] لېكىن ئەگەر قۇل ئېلان
قىلىپ: «مەن خوجام، ئايالىم ۋە بالىلىرىمغا مۇھەببىتىم بولغىنى
ئۈچۈن هۆر بولۇپ كەتمەيمەن» دېسە، [6] ئۇنداقتا ئۇنىڭ خوجىسى ئۇنى
خۇدانىڭ ئىبادەت سورۇنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئىشىكنىڭ
ئالدىدا ياكى ئىشىكنىڭ كېشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزسۇن؛ ئاندىن
خوجىسى بىگىز بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىنى تەشسۇن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ
مەڭگۈگە خوجىسىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ.
[7] ئەگەر بىركىم قىزىنى دېدەكلىككە سېتىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئەر قۇللار
هۆر قىلىنغاندەك هۆر قىلىنمىسۇن. [8] ئەگەر ئۆزىگە خاس سېتىۋالغان
قىز خوجىسىغا ياقمىسا، ئۇنداقتا ئۇ قىز تەرەپنىڭ هەق تۆلەپ
ئۇنى هۆر قىلىشىغا يول قويۇشى كېرەك. لېكىن خوجىسىنىڭ ئۇنى
يات خەلققە سېتىش هوقۇقى بولمايدۇ؛ چۈنكى خوجىسى ئۇنىڭغا
ۋاپاسىزلىق قىلغاندۇر. [9] ئەگەر ئۇ قىزنى ئوغلىغا خاس بېكىتكەن
بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۇنىڭغا ئۆز قىزىدەك
مۇئامىلە قىلسۇن.
[10] ئەگەر خوجىسى يەنە خوتۇن ئالسا، ئەسلىدە ئەمرىگە ئالغان
دېدىكىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى، كىيىم-كېچىكىنى ۋە ئەر-
خوتۇنچىلىق بۇرچىنى كېمەيتمىسۇن. [11] ئەگەر ئۇ شۇ ئۈچ ئىشنى ئادا
قىلمىسا، ئۇنداقتا ئۇ بەدەل تۆلىمەي هۆر بولسۇن.

---

**5:21** قان. 16:15

**6:21 «خۇدانىڭ ئىبادەت سورۇنىنىڭ ئالدىغا»** ــ ياكى «خۇدانىڭ ئالدىغا» ياكى «هاكىملارنىڭ ئالدىغا». ئىبرانىي تىلىدا ««ئەلوهىمنىڭ ئالدىغا». زەبۇر 1:82، 6نى كۆرۈڭ. **«ئاندىن خوجىسى بىگىز بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىنى تەشسۇن»** ــ دېمەك، قۇلنىڭ قۇلىقىنى ئىشىك قانىتىغا ياكى ئىشىك كېشىكىگە يېقىپ تۇرۇپ، قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنى ئىشىككە ياكى ئىشىكنىڭ كېشىكىگە مىخلايدۇ.

**8:21 «خوجىسى ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغاندۇر»** ــ ئادەتتە ئەر كىشى دېدەك سېتىۋالغان بولسا، ئۇنى ئۆز كېنىزىكى ياكى توقىلى قىلىپ ئەمرىگە ئالغان هېسابلىناتتى. شۇڭا دېدەكنىڭ كەم دېگەندىمۇ توقاللىق هوقۇقى بار ئىدى.

## ئۇرۇش-تالاش ھەققىدە

[12]كىمكى بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇمۇ چوقۇم ئۆلتۈرۈلۈشى. [13]لېكىن ئەگەر ئۇ كىشى ئۆلگۈچىنىڭ جېنىنى پايلاپ تۇرۇپ قەستەن ئۆلتۈرمىگەن، بەلكى مەن خۇدا ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە يول قويغان بولسام، ئۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇنىڭغا قاچىدىغان بىر جاينى ئورۇنلاشتۇرىمەن. [14]لېكىن ئەگەر بىرسى ئۆز قوشنىسىنى ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرىمەن دەپ، ئۇنىڭغا قەستەن ھۇجۇم قىلسا، ئۇ گەرچە پاناھ ئىزدەپ قۇربانگاھىمغا قېچىپ كەلسىمۇ، ئۇ شۇ يەردە تۇتۇلسۇن ۋە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن.
[15]كىمكى ئۆز ئاتىسى ياكى ئانىسىغا قول تەگكۈزسە، چوقۇم ئۆلتۈرۈلسۇن.
[16]كىمكى بىر ئادەمنى بۇلاپ ساتقان بولسا ياكى ئۇنىڭ قولىدا بارلىقى مەلۇم بولسا، جەزمەن ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك.
[17]كىمكى ئۆز ئاتىسى ياكى ئانىسىغا لەنەت قىلىپ قارغىغان بولسا، جەزمەن ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك.

## باشقىلارنى زەخىملەندۈرۈش ھەققىدە

[18]ئەگەر ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرى يەنە بىرىنى تاش ياكى موشتى بىلەن ئۇرسا، ئۇرۇلغان كىشى ئۆلمەي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولسا، [19]ئۇ كىشى قوپۇپ ھاسىغا تايىنىپ تاشقىرىغا چىققۇدەك بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى ئۇرغان كىشى جازادىن خالاس قىلىنسۇن؛ پەقەت زەخىملەنگۈچىنىڭ يېتىپ ئىشتىن قالغان ۋاقتى ئۈچۈن تۆلەم بېرىپ، ئۇنى داۋالىتىپ سەللىمازا ساقايتسۇن.
[20]ئەگەر بىرسى قولى ياكى دېدەكنى تاياقتا ئۇرسا، شۇنداقلا قول ياكى دېدەك نەق مەيداندا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىگىسى

---

**12:21** لاۋ. 17:24

**15:21** مات. 4:15

**17:21** لاۋ. 9:20؛ پەند. 20:20؛ مات. 4:15؛ مار. 10:7

چوقۇم جازاغا تارتىلىسۇن. [21] لېكىن ئەگەر تاياق يېگۈچى بىر-ئىككى
كۈن تىرىك تۇرسا، ئۇنداقتا قۇل خوجايىنىنىڭ شەخسىي مال-مۈلكى
بولغىنى ئۈچۈن، قۇلنىڭ جازاسىغا تارتىلمىسۇن.
[22] ئەگەر كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ھامىلىدار بىر
ئايالنى ئۇرۇپ سالسا، ھامىلىدار ئايالدا بالىسى بالدۇر تۇغۇلۇشىدىن
باشقا زەخىملىنىش بولمىسا، ئايالنىڭ ئېرىنىڭ تۆلەم تەلىپى بويىچە
ھاكىملارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ جەرىمانە تۆلىسۇن. [23] ئەگەر
ئايال ياكى بالا زىيان-زەخەتكە ئۇچرىغان بولسا، ئۇنداقتا جېنىغا جان،
[24] كۆزگە كۆز، چىشىغا چىش، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت، [25] كۆيۈككە
كۆيۈك، زەخىمگە زەخىم، كۆككە كۆك تۆلەنسۇن. [26] ئەگەر بىرسى ئۆز قۇل
يا دېدىكىنىڭ كۆزىنى ئۇرۇپ ناكار قىلىپ قويسا، كۆزى ۋەجىدىن ئۇنى
ئازاد قىلسۇن. [27] شۇنىڭدەك بىرسى ئۆز قۇلى يا دېدىكىنىڭ چىشىنى
ئۇرۇپ چىقىرىۋەتكەن بولسا، چىشى ۋەجىدىن ئۇنى ئازاد قىلسۇن».

## مال-ئۇلاغلار توغرۇلۇق بەلگىلىمىلەر

[28] ئەگەر بىر كالا بىر ئەر ياكى ئايال كىشىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويسا،
شۇ كالا چوقۇم چالما-كېسەك قىلىنىشى كېرەك، ئۇنىڭ گۆشى
يېيىلمىسۇن. لېكىن كالىنىڭ ئىگىسىگە گۇناھ كەلمىسۇن. [29] لېكىن
بۇ ئۇيىنىڭ ئىلگىرىدىن ئۈسۈش ئادىتى بولۇپ، ئىگىسىگە بۇ ھەقتە
ئاگاھ بېرىلگەن بولسا، لېكىن يەنىلا ئۇنى باغلىمىغىنى ئۈچۈن ئەر-
ئايال كىشىلەرنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇنداقتا كالا چالما-

20:21 **«ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىگىسى چوقۇم جازاغا تارتىلسۇن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭ ئىنتىقامى چوقۇم ئېلىنسۇن».

22:21 **«بالىسى بالدۇر تۇغۇلۇشىدىن باشقا»** ــ ياكى «بالىسى چۈشۈپ كېتىشتىن باشقا». ئالدى-كەينى سۆزلەرگە قارىغاندا، مۇشۇ يەردە پەقەت «بالدۇر تۇغۇلسا» دېگەن تەرجىمىسى توغرا بولسا كېرەك

23:21 **«ئەگەر ئايال ياكى بالا زىيان-زەخەتكە ئۇچرىغان بولسا،...»** ــ ئىبرانىي تىلدا پەقەت «ئەگەر زەرەر-زەخمەت بولۇپ چىقسا،...» دېيىلىدۇ.

**24:21** لاۋ. 20:24؛ قان. 21:19؛ مات. 38:5

**28:21** يار. 5:9

كېسەك قىلىنسۇن، ئىگىسىمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن. [30] لېكىن
ئۇنىڭدىن خۇن ھەققى تەلەپ قىلىنسا، ئۆز جېنىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا
قانچىلىك تۆلەم قويۇلغان بولسا شۇنى بەرسۇن. [31] كالىدىن ئۈسۈلگۈچى
ئوغۇل ياكى قىز بالا بولسا، كالىنىڭ ئىگىسى ئوخشاشلا يۇقىرىقى
ھۆكۈمدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىنسۇن. [32] كالا قۇل ياكى دېدەكنى ئۈسكەن
بولسا، كالىنىڭ ئىگىسى ئۈسۈلگۈچىنىڭ خوجىسىغا ئوتتۇز شەكەل
كۈمۈش بەرسۇن؛ ئاندىن كالا چالما-كېسەك قىلىنسۇن.
[33] ئەگەر بىرسى بىر ئورىنىڭ ئاغزىنى ئوچۇق قويۇپ ياكى كولاۋاتقان
ئورىنىڭ ئاغزىنى ياپماي، كالا ياكى ئېشەك ئۇنىڭغا چۈشۈپ كەتسە،
[34] ئۇنداقتا ئورىنىڭ ئىگىسى مال ئىگىسىنىڭ زىيىنىنى تولۇق تۆلەپ
بەرسۇن؛ ئۆلگەن مال ئۇنىڭكى بولىدۇ.
[35] ئەگەر بىرسىنىڭ كالىسى يەنە بىرسىنىڭ كالىسىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ
قويغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار تىرىك قالغان كالىنى سېتىپ، پۇلنى باراۋەر
بۆلۈشسۇن ھەم ئۆلۈك كالىنىمۇ شۇنداق بۆلۈشسۇن. [36] لېكىن كالىنىڭ
ئىلگىرىدىن ئۈسىدىغان ئادىتى بارلىقى ئېنىق تۇرۇپ، ئىگىسى ئۇنى
باغلىماي قويۇۋەتكەن بولسا، ئۇنداقتا ئۈسكۈچى كالىنىڭ ئىگىسى
كالىغا كالا تۆلەپ بەرسۇن، ئۆلۈك كالا ئۇنىڭ بولسۇن.

## تۆلەم تۆلەش ھەققىدىكى نىزام

22 [1] ئەگەر بىرسى بىر كالا ياكى قوينى ئوغرىلاپ، ئۇنى سويسا
يا سېتىۋەتسە، ئۇ بىر كالىنىڭ ئورنىغا بەش كالا، بىر قوينىڭ
ئورنىغا تۆت قوي تۆلىسۇن.

---

33:21 **«بىر ئورىنىڭ ئاغزىنى»** ــ ياكى «بىر قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى».
1:22 **«... ئۇ بىر كالىنىڭ ئورنىغا بەش كالا، بىر قوينىڭ ئورنىغا تۆت قوي تۆلىسۇن»** ــ نېمىشقا كالىنى بەش ھەسسە، قوينى تۆت ھەسسىلەپ تولۇقلاش كېرەك؟ كالا-قوي ھەر ئىككىسى گۆش، يۇڭ-تېرە ۋە سۈت بېرەلەيدۇ، كالا يەنە ئەمگەك قىلالايدۇ؛ شۇڭا كالىنىڭ كەملىكى كۆپرەك زىياننى كەلتۈرىدۇ.
**1:22** 2سام. 6:12

**[2]ئوغرى تام تەشكەندە تۇتۇلۇپ قېلىپ، تاياق يەپ ئۆلۈپ قالسا،
ئۆلتۈرگۈچىگە خۇن جازاسى كەلمىسۇن. [3]لېكىن شۇ ۋەقە بولغان
پەيتتە كۈن چىقىپ قالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۆلتۈرگۈچى خۇن
جازاسىغا تارتىلسۇن.
ئوغرى ئوغرىلىغىنىنى تۆلەپ زىياننى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك؛
ئۇنىڭدا بىر نېمە بولمىسا، قۇللۇققا سېتىلىپ، ئوغرىلىغان نەرسىنى
تۆلىشى كېرەك.
[4]ئوغرى تۇتۇلغاندا ئوغرىلىغان نەرسە، كالا بولسۇن، ئېشەك بولسۇن،
قوي بولسۇن ئۇنىڭ قولىدا تىرىك ھالەتتە تېپىلسا، ئۇ ئىككى
ھەسسە قىممەتتە تۆلەپ بەرسۇن.
[5]ئەگەر بىرسى ئۆز مال-چارۋىلىرىنى ئېتىزلىققا ياكى ئۈزۈمزارلىققا
ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، باشقىلارنىڭ باغ-ئېتىزلىقىدا ئوتلاشقا يول
قويسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئېسىل مەھسۇلاتلىرىدىن ياكى
ئۈزۈمزارلىقىنىڭ ئەڭ ئېسىل مېۋىسىدىن زىياننى تۆلەپ بەرسۇن.
[6]ئەگەر ئوت كېتىپ، تىكەنلىككە تۇتىشىپ كېتىپ، ئاندىن ئۆنچىلەرنى،
باش تارتىپ پىشقان زىرائەتنى كۆيدۈرۈپ، پۈتكۈل ئېتىزلىقنى كۆل
قىلىۋەتسە، ئۇنداقتا ئوت قويغۇچى بارلىق زىياننى تۆلەپ بەرسۇن.
[7]ئەگەر بىرسى قوشنىسىغا پۇل ياكى مال-دۇنياسىنى ئامانەت
قىلغان بولسا، بۇلار ئۆيىدىن ئوغرىلىنىپ كەتسە، شۇنداقلا ئوغرى
كېيىن تۇتۇلسا، ئۇ ئوغرىلىغىنىنى ئىككى ھەسسە قىممەتتە تۆلەپ
بەرسۇن. [8]لېكىن ئوغرى تېپىلمىسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ قوشنىسىنىڭ
مېلىغا قول تەگكۈزگەن يا تەگكۈزمىگەنلىكى مەلۇم بولسۇن دەپ،**

---

4:22 **«ئوغرى تۇتۇلغاندا ئوغرىلىغان نەرسە، ... ئۇنىڭ قولىدا تىرىك ھالەتتە تېپىلسا، ئۇ ئىككى ھەسسە قىممەتتە تۆلەپ بەرسۇن»** — نېمىشقا بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن جازا 1-ئايەتتىكى جازىغا ئوخشىمايدۇ؟ بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە: (ئا) ئوغرىلانغان مال تېخى ئوغرىنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئىگىسىنىڭ زىيىنى 1-ئايەتتىكىدىن ئاز بولۇشى مۇمكىن؛ (ئە) بۇ ئوغرى تېخى 1-ئايەتتىكى ئوغرىدەك يامانلىقنى ئۆگەنگەن ئەمەس؛ (پ) 4-ئايەتتىكى ئوغرىنىڭ كالا-قويىنى ئوغرىلاش گۇناھىنى ئۆزلۈكىدىن ئىقرار قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىز بۇ ئۈچ پىكرگە قايىلمىز.

6:22 **«تىكەنلىك»** — ئېتىزلار ئارىسىدىكى چىتلار ياكى قاشالار ئادەتتە تىكەنلەردىن قىلىنىدۇ.

ھاكىملارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلسۇن. 9 ھەرخىل خىيانەت، ئۇ مەيلى
كالا، ئېشەك، قوي، كىيىم-كېچەك بولسۇن، يىتتۈرۈپ قويغان نەرسە
بولسۇن، ئۇلار توغرۇلۇق بىر قوشنىسى: «ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئىدى»
دەپ تالاشقان بولسا، ھەر ئىككىسىنىڭ دەۋاسى ھاكىملارنىڭ ئالدىغا
كەلتۈرۈلسۇن؛ ھاكىملار قايسىغا گۇناھ بېكىتسە، شۇ قوشنىسىغا
ئىككى ھەسسە قىممەتتە تۆلەپ بەرسۇن.
10 ئەگەر بىرسى قوشنىسىغا ئېشەك، كالا، قوي ياكى باشقا بىر
چارپاينى ئامانەت قىلسا، بۇ ئامانەت مېلى كىشى كۆرمەي ئۆلۈپ
كەتسە، ياكى زەخىملەنسە، ياكى ھەيدەپ ئەكېتىلسە، 11 ئۇنداقتا
قوشنىسىنىڭ مېلىغا قول تەگكۈزگەن يا تەگكۈزمىگەنلىكى مەلۇم
بولسۇن دەپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قەسەم
ئىچۈرۈلسۇن. مال ئىگىسى بۇ قەسەمنى قوبۇل قىلسۇن؛ قوشنىسى
ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلەپ بەرمىسۇن. 12 لېكىن مال ئوغرىلانغان بولسا،
ئۇ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرسۇن. 13 ئەگەر ئۇنى ۋەھشىي ھايۋان بوغۇپ
قويغان بولسا، ئۇ مالنىڭ قالدۇقىنى گۇۋاھلىق ئۈچۈن كۆرسىتىپ،
ئۇنى تۆلەپ بەرمىسىمۇ بولىدۇ.
14 ئەگەر بىرسى قوشنىسىدىن بىر ئۇلاغنى ئۆتنە ئېلىپ، ئۇلاغ
ئىگىسى يوق يەردە زەخىملەنسە ياكى ئۆلۈپ قالسا، ئۆتنە ئالغۇچى
تولۇق تۆلەپ بەرسۇن. 15 لېكىن ئىگىسى نەق مەيداندا بولسا، ئۆتنە

8:22 **«ھاكىملارنىڭ ئالدىغا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا ««ئەلوھىم (ئىلاھلار)نىڭ ئالدىغا». زەبۇر 1:82، 6نى كۆرۈڭ.

9:22 **«ھاكىملارنىڭ ئالدىغا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئەلوھىم («ئىلاھلار»)نىڭ ئالدىغا». زەبۇر 1:82، 6نى كۆرۈڭ. **«ھاكىملار قايسىغا...»** ــ ياكى «خۇدا قايسىغا...».

10:22 **«ھەيدەپ ئەكېتىلسە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆز ئادەتتە «بۇلىنىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ لېكىن مۇشۇ يەردە بەلكىم تاسادىپىي بىر ئىشنى، مەسىلەن چۆچۈپ كېتىپ، چېچىلىپ كېتىشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ ئوغرىلىنىش مەسىلىسى 12-ئايەتتە كۆرسىتىلىدۇ.

11:22 **«پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قەسەم ئىچۈرۈلسۇن»** ــ بۇ قەسەمنى بەلكىم، ئىگىسى: «مەن ھەقىقەتەن شۇ نەرسىنى پالانچى كىشىگە تاپشۇرۇپ ئامانەت قىلدىم» دېگەندەك، ئامانەتنى قوبۇل قىلغۇچى كىشى: «مەن شۇ ئامانەتنى ھەقىقەتەن يىتتۈرۈپ قويدۇم، ئۇنى ئوغرىلىمىدىم، باشقىلارغا ساتمىدىم» دېگەندەك قىلىشى مۇمكىن.

ئالغۇچى تۆلەپ بەرمىسۇن؛ ئۇلاغ ئىجارىگە ئېلىنغان بولسا، ئالغۇچى تۆلەم تۆلىمىسۇن؛ چۈنكى ئۇنى ئىجارە تۆلەپ ئەكەلگەن.

## ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت

[16] ئەگەر بىر ئادەم تېخى ياتلىق بولمىغان بىر قىزنى ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۇنىڭ تويلۇقىنى بېرىشى كېرەك، ئاندىن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالسۇن. [17] لېكىن قىزنىڭ ئاتىسى ئۇنى ئۇنىڭغا بەرگىلى ئۇنىمىسا، زىنا قىلغۇچى پاك قىزلارنىڭ تويلۇقىغا باراۋەر كېلىدىغان كۈمۈش پۇلنى تارازىدا ئۆلچەپ بەرسۇن.

[18] جادۇگەر خوتۇننى تىرىك قويمىغىن.

[19] هايۋان بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ھەربىرى جەزمەن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن.

[20] كىمدەكىم بىردىنبىر پەرۋەردىگاردىن باشقا ھەرقانداق ئىلاھغا قۇربانلىق سۇنسا، هارام دەپ مۇتلەق ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنسۇن.

[21] سىلەرمۇ مىسىردا مۇساپىر بولۇپ تۇرغانىكەنسىلەر، مۇساپىر بولغان كىشىنى ھېچ خارلىماڭلار ۋە ياكى ئۇنىڭغا ھېچ زۇلۇم قىلماڭلار.

[22] ھەرقانداق تۇل خوتۇن ياكى يېتىم بالىنى خورلىماڭلار.

[23] سەن ئۇلارنى ھەرقانداق تەرەپتە خورلىساڭ، ئۇلار ماڭا پەرياد كۆتۈرسە، مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى چوقۇم ئاڭلايمەن؛ [24] شۇنىڭ بىلەن غەزىپىم تۇتىشىپ، سىلەرنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرىمەن، سىلەرنىڭ خوتۇنلىرىڭلار تۇل قىلىنىپ، بالىلىرىڭلار يېتىم بولۇپ قالىدۇ.

---

**22:18** قان. 10:18، 11

**22:19** لاۋ. 18:23؛ 20:15

**22:20** «مۇتلەق ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنسۇن» ــ ئىبرانىي تىلىدا ««هارام» قىلىنسۇن»؛ «هارام» ــ «مۇتلەق ھالاك قىلىنىش كېرەك» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**22:20** قان. 17:2، 3، 4، 5

**22:21** لاۋ. 19:34

**22:22** زەك. 7:10

**[25] ئەگەر سەن مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئىچىدىن ساڭا قوشنا بولغان**
**كەمبەغەلگە قەرز بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭغا جازانىخورلاردەك مۇئامىلە**
**قىلمىغىن؛ ئۇنىڭدىن ئۆسۈم ئالماڭلار.**
**[26] ئەگەر سەن قوشناڭنىڭ چاپىنىنى گۆرۈگە ئالغان بولساڭ، كۈن**
**ئولتۇرماستا ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەر. [27] چۈنكى چاپىنى ئۇنىڭ بىردىنبىر**
**يېپىنچىسى بولۇپ، بەدىنىنى ياپىدىغان كىيىم شۇدۇر. ئۇ بولمىسا، ئۇ**
**نېمىنى يېپىنىپ ياتىدۇ؟ بۇ سەۋەبتىن ماڭا پەرياد قىلسا، پەريادىنى**
**ئاڭلايمەن؛ چۈنكى مەن شەپقەتلىكتۇرمەن.**
**[28] هاكىملارغا كۇپۇرلۇق قىلما، ۋە خەلقىڭنىڭ ئەمىرلىرىنىمۇ قارغاپ**
**تىللىما.**
**[29] خامىنىڭنىڭ هوسۇلىنىڭ ئاشقىنىدىن ۋە شاراب-زەيتۇن مېيى**
**كۆلچىكىڭدىن تاشقىنىدىن ماڭا هەدىيە سۇنۇشنى هايال قىلمىغىن.**
**سەن ئوغۇللىرىڭنىڭ تۇنجىسىنى ماڭا ئاتىغىن.**
**[30] كالا بىلەن قويلىرىڭنىڭ تۇنجى باللىرىنىمۇ هەم شۇنداق ئاتىغىن؛**
**تۇنجى بالا يەتتە كۈنگىچە ئانىسى بىلەن بىللە تۇرسۇن؛ ئەمما**
**سەككىزىنچى كۈنى ئۇنى ماڭا ئاتاپ سۇنغىن.**
**[31] سىلەر ماڭا ئاتالغان مۇقەددەس كىشىلەر بولىسىلەر؛ شۇڭا دالادا**

---

**25:22** لاۋ. 25:36،37؛ قان. 23:18،19؛ زەب. 15:5؛ پەند. 28:8؛ ئەز. 18:8

**26:22** قان. 24:12،13

**28:22** **«هاكىملارغا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئەلوھىم»(غا). بۇ سۆز بەزىدە خۇدانىڭ ۋەكىللىرى بولغان «هاكىملار»نى بىلدۈرىدۇ («زەب.» 82-كۈي ۋە ئىزاهاتلىرىنى كۆرۈڭ). شۇڭا بەزى تەرجىملەردە «خۇداغا» دېيىلىدۇ.

**28:22** مىس. 21:6، 8؛ روس. 23:3، 4، 5

**29:22** **«خامىنىڭنىڭ هوسۇلى ...دىن تاشقىنىدىن ماڭا هەدىيە سۇنۇشنى هايال قىلمىغىن»** ــ بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى (باشقا يەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا) تۇنجى هوسۇلنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن بۇ ئايەتنىڭ ئۆزىدە ئۇنداق بىۋاسىتە ئېيتىلمايدۇ. ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمى «تۇنجى ئوغۇللارنىڭ خۇداغا ئاتىلىشى» توغرۇلۇق هەم 30-ئايەت «چارپاينىڭ تۇنجىلىرى» توغرۇلۇق بولغاچقا، 29-ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمى بەلكىم «تۇنجى هوسۇل» توغرۇلۇق بولۇشى مۇمكىن.

**29:22** مىس. 13:2،12

**30:22** مىس. 23:19؛ لاۋ. 22:27؛ ئەز. 44:30

يىرتقۇچ ھايۋان تەرىپىدىن بوغۇلغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمەڭلار،
بەلكى ئۇنى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىڭلار.

## ھەققانىيەت ۋە ئادىللىق

23 [1] يالغان گەپنى يايمىغىن ۋە يا يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ رەزىل
ئادەمگە يان باسمىغىن.
[2] توپقا ئەگىشىپ رەزىل ئىشتا بولما ياكى دەۋا-دەستۇرلاردا گۇۋاھلىق
بەرگەندە توپقا ئەگىشىپ ھەقىقەتنى بۇرمىلىما. [3] كەمبەغەل دەۋا
قىلسا، ئۇنىڭغا يان باسما.
[4] دۈشمىنىڭنىڭ كالا يا ئېشىكى ئېزىپ كېتىپ، ساڭا ئۇچراپ قالسا،
ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، ئىگىسىگە چوقۇم تاپشۇرۇپ بەر. [5] ئەگەر ساڭا ئۆچ
بولغاننىڭ ئېشىكى يۈكنى كۆتۈرەلمەي يۈكنىڭ ئاستىدا ياتقىنىنى
كۆرسەڭ، ئۇنى ياردەمسىز تاشلىماي، بەلكى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ
ئېشىكىنى قوپۇرۇشۇپ بېرىشىڭ زۆرۈر.
[6] ئاراڭدىكى كەمبەغەلنىڭ دەۋاسىدا ئادالەتنى بۇرمىلىما.
[7] ھەرقانداق ساختا ئىشتىن ئۆزۈڭنى نېرى تارت؛ بىگۇناھ ئادەم بىلەن
ھەققانىي ئادەمنى ئۆلتۈرمىگىن؛ چۈنكى مەن رەزىل ئادەمنى ھەرگىز
ئادىل دەپ ئاقلىمايمەن. [8] شۇنىڭدەك ھېچقانداق پارا يېمە؛ چۈنكى پارا
كۆزى ئوچۇقلارنى كور قىلىپ، ھەققانىيلارنىڭ سۆزلىرىنى بۇرمىلايدۇ.
[9] مۇساپىر كىشىلەرگە زۇلۇم قىلما؛ چۈنكى ئۆزۈڭلار مىسىر زېمىنىدا
مۇساپىر بولۇپ تۇرغان بولغاچقا، مۇساپىرنىڭ روھىي ھالىنى
بىلىسىلەر.

---

**31:22** لاۋ. 8:22؛ ئەز. 31:44
**3:23** لاۋ. 15:19
**4:23** قان. 1:22، 2؛ لۇقا 6:27؛ فىل. 4:2
**5:23** قان. 4:22
**6:23** قان. 19:27
**8:23** قان. 19:16؛ 1سام. 8:3؛ پەند. 19:6؛ توب. 7:7
**9:23** مىس. 21:22؛ لاۋ. 19:33؛ قان. 24:17

## «شابات يىلى» ۋە شابات كۈنى

10 ئالتە يىل ئۆز يېرىڭنى تېرىپ، ھوسۇللىرىنى ئال. 11 لېكىن يەتتىنچى
يىلى يەرگە ئارام بېرىپ ئۇنى بوش قوي؛ خەلقىڭنىڭ نامراتلىرى
ئۇنىڭدىن يىغىپ يېسۇن، ئۇلاردىن ئاشقىنىنى جاڭگالدىكى ھايۋانلار
يېسۇن؛ شۇنداقلا ئۈزۈمزارلىقىڭ بىلەن زەيتۇنزارلىقىڭنىمۇ شۇنداق
قىلغىن.
12 ئالتە كۈن ئىچىدە ئۆز ئىشىڭنى ئادا قىلىپ، يەتتىنچى كۈنى
ئارام ئېلىشىڭ زۆرۈر. بۇنىڭ بىلەن كالا-ئېشەكلىرىڭ ئارام
تاپىدۇ، دېدەكىڭنىڭ ئوغلى بىلەن مۇساپىر كىشىمۇ ھاردۇقىنى
چىقىرىدۇ.
13 مەن ساڭا ئېيتقىنىمنىڭ ھەممىسىنى كۆڭۈل بۆلۈپ ئادا قىل؛
باشقا ئىلاھلارنىڭ نامىنى تىلىڭغا ئالما؛ بۇلار ھەتتا ئاغزىڭغىمۇ
چىقمىسۇن.

## ئۈچ مۇھىم ھېيت-بايرام

14 ھەر يىلدا ئۈچ قېتىم مېنىڭ ئۈچۈن ھېيت ئۆتكۈزگىن. 15 ئالدى
بىلەن «پېتىر نان ھېيتى»نى ئۆتكۈز؛ ساڭا ئەمر قىلغىنىمدەك
ئابىب ئېيىدىكى بېكىتىلگەن كۈنلەردە يەتتە كۈن پېتىر نان يېگىن؛
چۈنكى شۇ ئايدا سەن مىسىردىن چىققانىدىڭ. شۇ ھېيتتا ھېچكىشى
ئالدىمغا قۇرۇق قول كەلمىسۇن.

---

**11:23 «لېكىن يەتتىنچى يىلى يەرگە ئارام بېرىپ ئۇنى بوش قوي؛...»** — خۇدا ئۆز خەلقىگە شۇنداق ئەمر بەرگەنىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن خەۋەر ئالىدۇ. بۇ ئەمرگە باغلىق ۋەدىلەر توغرىسىدا «لاۋ.» 1:25-7، 11، 12نى، بولۇپمۇ 20-22-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

**11:23** لاۋ. 4:25، 5

**12:23** مىس. 8:20؛ 13:31-17.

**13:23 «مەن ساڭا ئېيتقىنىمنىڭ ھەممىسىنى كۆڭۈل بۆلۈپ ئادا قىل»** — ئىبرانىي تىلىدا «مەن سىلەرگە ئېيتقىنىم... ئادا قىلغىلار» دېيىلىدۇ.

**13:23** چۆل. 38:32؛ يە. 7:23؛ زەب. 4:16؛ ھوش. 19:2؛ زەك. 2:13

**15:23** مىس. 14:12،15؛ 3:13؛ 20:34؛ قان. 16:16

[16] سەن ئەجىر قىلىپ تېرىغان ئېتىزدىكى زىرائەتنىڭ تۇنجى
ھوسۇلىنى ئورغاندا «ئورما ھېيتى»نى ئۆتكۈز؛ شۇنداقلا سەن
ئەجىر سىڭدۈرۈپ يەردىن ئاخىرقى ھوسۇل-مەھسۇلاتلىرىڭنى يىل
ئاخىرىدا يىغقاندا «ھوسۇل يىغىش ھېيتى»نى ئۆتكۈز.
[17] يىلدا ئۈچ قېتىم ئەركەكلىرىڭنىڭ ھەممىسى رەب پەرۋەردىگارنىڭ
ھۇزۇرىغا ھازىر بولسۇن.
[18] سەن ماڭا ئاتالغان قۇربانلىقنىڭ قېنىنى خېمىرتۇرۇچ سېلىنغان
نان بىلەن سۇنمىغىن؛ ھېيت قۇربانلىقىنىڭ يېغىنى بولسا كېچىچە
قوندۇرۇپ ئەتىگىچىگە ساقلىما.
[19] زېمىنىڭدىكى دەسلەپكى ھوسۇلنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەل.
ئوغلاقنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە قاينىتىپ پىشۇرما.

## پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ يوللارنى تەييارلىشى

[20] مانا، مەن بىر پەرىشتىنى يولدا سېنى قوغداپ، مەن ساڭا تەييارلىغان
يەرگە ئېلىپ بارسۇن دەپ، ئالدىڭدا يۇرۇشكە ئەۋەتىمەن. [21] سەن ئۇنىڭ
ئالدىدا ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سال. ئۇنىڭ زىتىغا
تەگمە؛ بولمىسا، ئۇ ئىتائەتسىزلىكلىرىڭنى كەچۈرمەيدۇ؛ چۈنكى

---

16:23 **«ئورما ھېيتى»** ــ مۇشۇ ھېيت يەنە «ھەپتىلەر ھېيتى» ھەم «دەسلەپكى ئورما ھېيتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. **«ھوسۇل-مەھسۇلاتلىرىڭ»** ــ مۇشۇ «ھوسۇل-مەھسۇلاتلىرىڭ» ئاشلىقلارنى ھەم ھەرخىل مېۋە-چېۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«ھوسۇل يىغىش ھېيتى»** ــ مۇشۇ ھېيت يەنە «كەپىلەر ھېيتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

18:23 **«قۇربانلىق»** ــ بۇ سۆز ئادەتتە «ئىناقلىق قۇربانلىقى» ياكى «تەشەككۇر قۇربانلىقى»نى كۆرسىتىدۇ.

19:23 **«ئوغلاقنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە قاينىتىپ پىشۇرما»** ــ بۇ ئەمر بەلكىم ئەتراپتىكى بۇتپەرەس خەلقلەرنىڭ مەلۇم ئۆرپ-ئادىتىگە ئەگەشمەسلىك كېرەكلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ توغرۇلۇق يەنە «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**19:23** مىس. 26:34

**20:23** مىس. 2:33

مېنىڭ نامىم ئۇنىڭدىدۇر. [22] لېكىن ئەگەر سەن ئۇنىڭ ئاۋازىغا
قۇلاق سېلىپ، مېنىڭ بارلىق بۇيرۇغانلىرىمغا ئەمەل قىلساڭ، مەن
دۈشمەنلىرىڭگە دۈشمەن، كۈشەندىلىرىڭگە كۈشەندە بولىمەن.
[23] چۈنكى مېنىڭ پەرىشتەم ئالدىڭدا يۈرۈپ، سېنى ئامورىي، ھىتتىي،
پەرىززىي، قانائانىي، ھىۋىي ۋە يەبۇسىيلارنىڭ زېمىنىغا باشلاپ
كىرىدۇ؛ مەن ئۇلارنى يوقىتىمەن.
[24] سەن ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا باش ئۇرۇپ ئىبادەت قىلما ۋە ياكى ئۇلار
قىلغاندەك قىلما؛ بەلكى ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ئۆزۈل-كېسىل چېقىۋەت،
بۇت تۈۋرۈكلىرىنى ئۆزۈل-كېسىل كۇكۇم-تالغان قىلىۋەت؛ [25] لېكىن
خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىدە بولۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار
ئۇ نان بىلەن سۇيۇڭلارنى بەرىكەتلەيدۇ؛ مەن بارلىق كېسەللىكنى
ئاراڭلاردىن چىقىرىپ تاشلايمەن. [26] بۇنىڭ بىلەن زېمىنىڭدا بويىدىن
ئاجراپ كېتىدىغان ياكى تۇغماس ھېچبىر ئايال ياكى چارپاي بولمايدۇ؛
ئۆمرۈڭنىڭ كۈنلىرىنى تولۇق قىلىمەن.
[27] مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ۋەھىمىمنى ئەۋەتىمەن، قايسى تائىپىگە
يېقىنلاشساڭ شۇلارنى پاراكەندە قىلىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ھەممە
دۈشمەنلىرىڭنى كەينىڭگە ياندۇرۇپ قاچۇرىمەن. [28] ھىۋىيلار،
قانائانىيلار ۋە ھىتتىيلارنى ئالدىڭدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشكە

---

**21:23 «ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆزۈڭگە قارا» («شامار») دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. 20-ئايەتتە پەرىشتىنىڭ ئۇلارنى «قوغدايدىغانلىقى» (ئىبرانىي تىلىدا «قارايدىغانلىقى» «شامار») دېگەن ئوخشاش پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**22:23** يار. 3:12

**24:23 «ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ئۆزۈل-كېسىل چېقىۋەت،...»** ــ ياكى «ئۇلارنى (قانائانىيلارنىڭ) يوقىتىپ،...».

**25:23** مىس. 26:15؛ قان. 15:7

**26:23** قان. 14:7

**27:23** مىس. 24:14؛ يە. 10:10

سېرىق ھەرىلەرنى ئالدىڭدا يۇرۇشكە ئەۋەتىمەن. [29] ئەمما زېمىنىنىڭ خارابىلىشىپ، دالادا ۋەھشىي ھايۋانلار ئاۋۇپ ساڭا خەۋپ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شۇ ئەللەرنى ئالدىڭدىن بىر يىلغىچە ھەيدىۋەتمەيمەن، [30] بەلكى سەن ئاۋۇپ، زېمىننى پۈتۈنلەي مىراس قىلىپ بولغۇچە، ئاز-ئازدىن ھەيدەپ تۇرىمەن.
[31] سېنىڭ زېمىنىڭنىڭ چېگرىلىرىنى قىزىل دېڭىزدىن تارتىپ فىلىستىيلەرنىڭ دېڭىزىغىچە، شۇنىڭدەك چۆلدىن تارتىپ ئەفرات دەرياسىغىچە بېكىتىمەن؛ چۈنكى زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارنى ھەيدىۋېتىپ يېرىنى ئىگىلىشىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى قولۇڭغا تاپشۇرىمە
ن. [32] سەن ئۇلار بىلەن ۋە ياكى ئىلاھلىرى بىلەن ھېچقانداق بىر ئەھدە
تۈزمە. [33] ئۇلارنىڭ سېنى ئالدىمدا گۇناھقا پاتقۇزماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى زېمىنىڭدا قەتئىي تۇرغۇزما. چۈنكى مۇبادا سەن ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئىبادىتىدە بولساڭ، بۇ ئىش ساڭا تۇزاق بولىدۇ.

## خۇدانىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسرائىل خەلقى بىلەن مۇقەددەس ئەھدىنى تۈزۈشى

24 [1] ئۇ مۇساغا يەنە: ــ «سەن بېرىپ، ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ھارۇن،
ناداب، ئابىھۇنى ۋە ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرى ئارىسىدىن
يەتمىش ئادەمنى ئېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ، يىراقتا
تۇرۇپ سەجدە قىلىڭلار. [2] پەقەت مۇسالا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا
يېقىن كەلسۇن؛ باشقىلار يېقىن كەلمىسۇن، خەلق ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ئۇستىگە چىقمىسۇن، ــ دېدى.

28:23 **«سېرىق ھەرە»** ــ بۇ ئىسىم ئىبرانىي تىلىدا ئادەتتىكى ھەرىدىن چوڭ ۋە تېخىمۇ چاققاق بىرخىل ھەرىنى كۆرسەتسە كېرەك.

**28:23** قان. 20:7؛ يە. 12:24

**31:23** چۆل. 3:34، 4

**32:23** مىس. 12:34،15؛ قان. 2:7

**33:23** يە. 13:23؛ ھاك. 3:2

3 مۇسا كېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق سۆزلىرى بىلەن ھۆكۈملىرىنى
خالايىققا دەپ بەردى؛ پۈتكۈل خالايىق بىر ئاۋازدا: ــ پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىمىز! ــ دەپ جاۋاب
بېرىشتى.
4 ئاندىن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ھەممە سۆزىنى خاتىرىلىۋېلىپ،
ئەتىسى سەھەر قوپۇپ تاغنىڭ تۈۋىدە بىر قۇربانگاھنى ياساپ، شۇ
يەردە ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ سانى بويىچە ئون
ئىككى تاش تۈۋرۈكنى تىكلىدى. 5 يەنە ئىسرائىللارنىڭ بىرنەچچە
يىگىتلىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار بېرىپ پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلار سۇندى، ئىناقلىق قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىرنەچچە
تورپاقنىمۇ سويۇپ سۇندى. 6 ئاندىن مۇسا قاننىڭ يېرىمىنى قاچىلارغا
قاچىلىدى، يەنە يېرىمىنى قۇربانگاھ ئۈستىگە چاچتى. 7 ئاندىن ئۇ
ئەھدىنامىنى قولىغا ئېلىپ، خەلققە ئوقۇپ بەردى. ئۇلار جاۋابەن: ــ
پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىنىڭ ھەممىسىگە قۇلاق سېلىپ، ئىتائەت
قىلىمىز! ــ دېيىشتى.
8 شۇنىڭ بىلەن مۇسا قاچىلاردىكى قاننى ئېلىپ، خەلققە سېپىپ: ــ
مانا، بۇ پەرۋەردىگار مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاساسەن سىلەر
بىلەن باغلىغان ئەھدىنىڭ قېنىدۇر، دېدى.
9 ئاندىن كېيىن مۇسا ۋە ھارۇن، ناداب ۋە ئابىھۇ ئىسرائىللارنىڭ
ئاقساقاللىرىدىن يەتمىش ئادەم بىلەن بىللە تاغ ئۈستىگە
چىقىشتى. 10 ئۇلار شۇ يەردە ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنى كۆردى؛
ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىدا خۇددى كۆك ياقۇتتىن ياسالغان نەپىس
پاياندازدەك، ئاسمان گۈمبىزىدەك سۈپسۈزۈك بىر جىسىم بار ئىدى.

---

**3:24** مىس. 8:19؛ 7:24؛ قان. 27:5

**7:24** **«خەلققە ئوقۇپ بەردى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خەلقنىڭ قۇلاقلىرىغا ئوقۇپ بەردى».

**8:24** ئىبر. 20:9؛ 1پېت. 2:1

[11] لېكىن ئۇ ئىسرائىللارنىڭ مۆتىۋەرلىرىگە قول تەگكۈزمىدى؛ ئۇلار خۇدانى كۆرۈپ تۇردى ھەمدە يەپ-ئىچىشتى.

## مۇسانىڭ يەنە سىناي تېغىغا چىقىشى

[12] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ تاغ ئۈستىگە، قېشىمغا چىقىپ شۇ يەردە تۇرغىن. ساڭا ئۇلارغا ئۆگىتىشكە تاش تاختايلارنى، يەنى مەن يېزىپ قويغان قانۇن-ئەمرنى بېرىمەن، دېدى. [13] شۇنىڭ بىلەن مۇسا قوپۇپ، ياردەمچىسى يەشۇئانى ئېلىپ ماڭدى. مۇسا خۇدانىڭ تېغىغا چىقتى. [14] ئۇ ئاقساقاللارغا: بىز يېنىپ كەلگۈچە مۇشۇ يەردە بىزنى ساقلاپ تۇرۇڭلار. مانا، ھارۇن بىلەن خۇر سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا قالىدۇ؛ ئەگەر بىرسىنىڭ ئىش-دەۋاسى چىقسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارسۇن، ــ دېدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن مۇسا تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە تاغنى بۇلۇت قاپلىدى.
[16] پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى سىناي تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى؛ بۇلۇت ئۇنى ئالتە كۈنگىچە قاپلاپ تۇردى؛ يەتتىنچى كۈنى، پەرۋەردىگار بۇلۇت ئىچىدىن مۇسانى چاقىردى؛ [17] پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسىنىڭ قىياپىتى ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا تاغنىڭ چوققىسىدا ھەممىنى يۇتقۇچى ئوتتەك كۆرۈندى. [18] مۇسا بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. مۇسا قىرىق كېچە-كۈندۈز تاغدا تۇردى.

## ئىبادەت چېدىرى ئۈچۈن سۇنۇلىدىغان ھەدىيەلەر

25

[1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ
[2] سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، ئۇلار ماڭا بىر «كۆتۈرمە ھەدىيە»نى كەلتۈرسۇن؛ كىمنىڭ كۆڭلى ھەدىيە سۇنۇشقا خۇش بولسا، ئۇنىڭدىن ماڭا سۇنۇلىدىغان «كۆتۈرمە ھەدىيە»نى تاپشۇ

---

10:24 **«ئۇلار شۇ يەردە ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنى كۆردى»** ــ يەنى، خۇدانىڭ ئۆزىنى ئايان قىلغانلىقىنى كۆردى.
**10:24** ۋەھ. 6:4
**17:24** ئىبر. 29:12

رۇۋېلىڭلار. [3] سىلەر ئۇلاردىن تاپشۇرۇۋالىدىغان كۆتۈرمە هەدىيە:
ـ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، [4] كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل رەڭلىك يىپ،
كاناپ رەخت، تىۋىت، [5] قىزىل بويالغان قوچقارنىڭ تېرىلىرى،
دېلفىننىڭ تېرىلىرى، ئاكاتسىيە ياغىچى، [6] چىراغ ئۈچۈن زەيتۇن
مېيى، «مەسىھلەش مېيى» ۋە خۇشبۇي ئۈچۈن خۇشبۇي دورا-
دەرمەكلەر، [7] ئەفود بىلەن «قوشېن»غا ئورنىتىلىدىغان ئاق هېقىق
ۋە باشقا ئېسىل تاشلار بولسۇن. [8] مېنىڭ ئۆزلىرى ئارىسىدا
ماكان قىلىشىم ئۈچۈن شۇلاردىن ماڭا بىر مۇقەددەس تۇرالغۇنى
ياسىسۇن. [9] ئۇنى مەن ساڭا بارلىق كۆرسەتمەكچى بولغىنىمغا
ئاساسەن، يەنى ئىبادەت چېدىرىنىڭ نۇسخىسى ۋە بارلىق ئەسۋاب-
سايمانلىرىنىڭ نۇسخىسىغا ئوپئوخشاش قىلىپ ياساڭلار.

## ئەھدە ساندۇقى

[10] ئۇلار ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر ساندۇق ياسىسۇن. ئۇنىڭ
ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز، ئېگىزلىكى
بىر يېرىم گەز بولسۇن. [11] سەن ئۇنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىغىن؛

---

2:25 **«كۆتۈرمە هەدىيە»** ــ كاهىن ياكى هەدىيەنى سۇنغۇچى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاپىرىدىغان ئالاهىدە هەدىيە. مۇشۇ ئايەتتە دېيىلگەن «كۆتۈرمە هەدىيە» كۆپلىگەن خەلق ئېلىپ كېلىدىغان، چوڭ كۆلەملىك هەدىيە بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، مەزكۇر «كۆتۈرمە هەدىيە»نىڭ هەربىر قىسمىنى سۇنغۇچى كىشى ئۆزى خۇدا ئالدىدا ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئاتايدۇ (35:22،24).
**2:25** مىس. 5:35؛ 1تار. 3:29،5،9،14؛ ئەزرا 68:2؛ 5:3؛ نەھ. 2:11
5:25 **«دېلفىننىڭ تېرىلىرى»** ــ ياكى «دېڭىز ئېيىقىنىڭ تېرىلىرى» ياكى «بورسۇقنىڭ تېرىلىرى»
7:25 **«ئەفود» ۋە «قوشېن»** ــ بۇلار توغرۇلۇق 6-14-ئايەتلەرگە قارالسۇن. ئۇ جىلتكىدەك بىرخىل ئالاهىدە كىيىم بولۇپ، ئىچىدە خۇدانىڭ كېرەك بولغان ئىشلار توغرۇلۇق يولىنى ياكى ئىرادىسىنى كۆرسىتىدىغان «ئۇرىم» ۋە «تۇممىم» دېگەن ئالاهىدە ئىككى تاش ساقلاقلىق ئىدى
**7:25** مىس. 4:28-14
10:25 **«ئاكاتسىيە ياغىچى»** ــ ئىنتايىن قاتتىق، ئۇزۇنغىچە چىرىمايدىغان بىرخىل ياغاچتۇر. **«گەز»** ــ مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز» ــ ئادەمنىڭ جەينىكىدىن بارمىقىنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقىغا (تەخمىنەن 45 سانتىمېتر) باراۋەر كېلىدۇ.
**10:25** مىس. 1:37؛ ئىبر. 1:9

ئىچى ۋە سىرتىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، ئۇنىڭ ئۇستۇنكى
قىسمىنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن گىرۋەك چىقار. [12]ئۇنىڭغا
ئالتۇندىن تۆت ھالقا قۇيدۇرۇپ، تۆت چېتىقىغا بېكىتكىن. بىر
تەرىپىگە ئىككى ھالقا، يەنە بىر تەرىپىگە ئىككى ھالقا بولسۇن.
[13]سەن ھەم ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئىككى بالداق ياساپ،
ھەر ئىككىسىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىغىن؛ [14]ئاندىن ساندۇق
ئۇلار ئارقىلىق كۆتۈرۈلسۇن دەپ، بالداقلارنى ساندۇقنىڭ ئىككى
يېنىدىكى ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغىن. [15]بالداقلار ھەمىشە
ساندۇقتىكى ھالقىدا تۇرسۇن؛ ئۇلار ئۇنىڭدىن چىقىرىلمىسۇن.
[16]مەن ساڭا بېرىدىغان ھۆكۈم-گۇۋاھلىقنى ساندۇققا قويغىن.
[17]ساندۇقنىڭ ياپقۇچى سۈپىتىدە سەن ئالتۇندىن ئۇزۇنلۇقى
ئىككى يېرىم گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز بولغان بىر
«كەفارەت تەختى» ياسىغىن. [18]ئىككى كېرۇبنى ئالتۇندىن
سوقۇپ ياسىغىن. ئۇلارنى كەفارەت تەختىنىڭ ئىككى تەرىپىگە

---

**12:25** **«تۆت چېتىقىغا»** ــ ياكى «تۆت پۇتىغا».

**15:25** 1پاد. 8:8

**16:25** **«ساڭا بېرىدىغان ھۆكۈم-گۇۋاھلىق»** ــ خۇدا مۇساغا تاپشۇرىدىغان «ئون پەرز» ياكى «ئون ئەمر» پۈتۈلىدىغان ئىككى تاش تاختاينى كۆرسىتىدۇ (18:31نى كۆرۈڭ). نېمىشقا «گۇۋاھلىق» دېيىلىدۇ؟ چۈنكى «ئون پەرز» خۇدانىڭ ھەققانىي تەبىئىتىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

**16:25** ئىبر. 4:9

**17:25** **«كەفارەت»** ــ (ئىبرانىي تىلىدا «كافار» ياكى «كىپپۇر») دېگەنىنىڭ تۈپ مەنىسى «يېپىش»تىن ئىبارەت. گۇناھلارغا «كەفارەت كەلتۈرۈش» دېگەنلىك «گۇناھلارنى يېپىش» دېگەنلىكتۇر. تەۋرات دەۋرىدە خۇدا گۇناھلارنى ۋاقىتلىق «ياپاتتى» ۋە شۇنىڭدەك شۇ گۇناھلاردىن تۇۋا قىلىپ قۇربانلىق كەلتۈرگەن بەندىلىرىنى كەچۈرۈم قىلاتتى. ئىنجىل دەۋرى كەلگەندە ئۇ مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى «ئېلىپ تاشلايدۇ» («يۇھ.» 29:1، 36نى كۆرۈڭ).
—مۇشۇ يەردە ساندۇقنىڭ ياپقۇچىنى «كەفارەت تەختى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق، چۈنكى 22-ئايەتتە: «مەن شۇ يەردە سەن بىلەن كۆرۈشىمەن؛ كەفارەت تەختى ئۈستىدە... تۇرۇپ ساڭا ... سۆز قىلىمەن» دېيىلىدۇ. دېمەك، بۇ جاي خۇدانىڭ ئولتۇرغان بىر تەختىگە ئوخشاشتۇر.

**17:25** مىس. 6:37

ئورناتقىن. [19] بىر كېرۇبنى بىر تەرىپىگە، يەنە بىر كېرۇبنى يەنە
بىر تەرىپىگە ئورنىتىش ئۈچۈن ياسىغىن. ئىككى تەرىپىدىكى
كېرۇبلارنى كافارەت تەختى بىلەن بىر گەۋدە قىلىڭلار. [20] كېرۇبلار
بىر-بىرىگە يۈزلەنسۇن، قاناتلىرىنى كەفارەت تەختىنىڭ
ئۈستىگە كېرىپ، قاناتلىرى بىلەن ئۇنى ياپسۇن؛ كېرۇبلارنىڭ
يۈزى كەفارەت تەختىگە قارىتىلسۇن.
[21] سەن كەفارەت تەختىنى ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، مەن ساڭا
بېرىدىغان ھۆكۈم-گۇۋاھلىقنى ساندۇقنىڭ ئىچىگە قويغىن. [22] مەن
شۇ يەردە سەن بىلەن كۆرۈشىمەن؛ كەفارەت تەختى ئۈستىدە، يەنى
ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى كېرۇبنىڭ
ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ساڭا ئىسرائىللارغا يەتكۈزۈشكە تاپشۇرىدىغان
بارلىق ئەمرلىرىم توغرىسىدا سۆز قىلىمەن.

## شىرە

[23] ھەم ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەز، كەڭلىكى
بىر گەز، ئېگىزلىكى بىر يېرىم گەز بولغان بىر شىرە
ياسىغىن. [24] ئۇنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى
قىسمىنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن گىرۋەك چىقار. [25] سەن
شىرەنىڭ چۆرىسىگە تۆت ئىلىك ئېگىزلىكتە بىر لەۋ ياسىغىن؛
بۇ لەۋنىڭ چۆرىسىگىمۇ ئالتۇندىن بىر گىرۋەك چىقار. [26] سەن ئۇ
شىرەگە ئالتۇندىن تۆت ھالقا ياساپ، بۇ ھالقىلارنى شىرەنىڭ

18:25 **«كېرۇبلار»** ــ بەلكىم ئالەمدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پەرىشتىلەر ياكى مەخلۇقلار بولۇشى مۇمكىن. «تەبىرلەر»نى ۋە مۇناسىۋەتلىك سىخېمىنى كۆرۈڭ.

**18:25** ئىبر. 5:9

**19:25** **«ئىككى تەرىپىدىكى كېرۇبلارنى كەفارەت تەختى بىلەن بىر گەۋدە قىلىڭلار»** ــ ياكى «ئىككى تەرىپىدىكى كېرۇبلار بىلەن كەفارەت تەختى بىر پۈتۈن ئالتۇندىن ياسالسۇن».

**20:25** ئىبر. 5:9

**21:25** ئىبر. 4:9، 5

**22:25** چۆل. 89:7

تۆت بۇرجىكىدىكى چىتىققا ئورناتقىن. [27] شىرەنى كۆتۈرۈشكە بالداقلار ئۆتكۈزۈلسۇن دەپ، ھالقىلار شىرە لېۋىگە يېقىن بېكىتىلسۇن. [28] بالداقلارنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىغىن؛ شىرە ئۇلار ئارقىلىق كۆتۈرۈلىدۇ. [29] شىرەگە ياندىاپ لېگەن، قاچا-تەخسە، پىيالە ۋە شاراب ھەدىيەلىرىنى چاچىدىغان قەدەھلەرنى ياسىغىن؛ ئۇلارنى ساپ ئالتۇندىن ياسىغىن. [30] مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا تۇرۇشقا سەن شىرەگە ھەمىشە «تەقدىم نان»نى قويغىن.

## چىراغدان

[31] سەن ھەم ساپ ئالتۇندىن بىر چىراغدان ياسىغىن. ئۇ چىراغدان سوقۇپ ياسالسۇن؛ چىراغداننىڭ پۇتى، غولى، قەدەھلىرى، غۇنچە ۋە چېچەكلىرى پۇتۇن بىر ئالتۇندىن سوقۇلسۇن. [32] چىراغداننىڭ غولىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئالتە شاخچە چىقىرىلسۇن — چىراغداننىڭ بىر يېنىدىن ئۈچ شاخچە، چىراغداننىڭ يەنە بىر يېنىدىن ئۈچ شاخچە چىقىرىلسۇن؛ [33] بىر يېنىدىكى ھەربىر شاخچىدە بادام گۈلى شەكلىدە غۇنچىسى ۋە چېچىكى بولغان ئۈچ قەدەھ چىقىرىلسۇن، يەنە بىر يېنىدىكى ھەربىر شاخچىدە بادام گۈلى شەكلىدە غۇنچىسى ۋە چېچىكى بولغان ئۈچ قەدەھ چىقىرىلسۇن. چىراغدانغا چىقىرىلغان ئالتە شاخچىنىڭ ھەممىسى شۇنداق ياسالسۇن. [34] چىراغداننىڭ غولىدىن بادام

---

30:25 **«تەقدىم نانلار»** — ئىبرانيي تىلىدا «ھۇزۇرى نانلار» («خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىكى نانلار»). ئادەتتە جەمئىي ئون ئىككى پارچە نان قويۇلاتتى. بۇ ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئىسرائىل كاھىنلىرى نانلارنى تىزىپ قويۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاشنى خالايدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ئېرىشكەن مول ھوسۇلنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى بىلدۈرۈش ئىدى («لاۋ.» 24:5-6).

31:25 **«چىراغداننىڭ... قەدەھلىرى، غۇنچە ۋە چېچەكلىرى»** — بۇلار چىراغدانغا چىقىرىلغان شۇ خىل نۇسخىلارنى كۆرسىتىدۇ. 32-40-ئايەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك سىخېمىنى كۆرۈڭ.

**31:25** مىس. 17:37

گۈلى شەكلىدە غۇنچىسى ۋە چېچەكلىرى بولغان تۆت قەدەھ چىقىرىلسۇن. [35] بۇلاردىن باشقا بىرىنچى ئىككى شاخچىنىڭ ئاستىدا بىر غۇنچە، ئىككىنچى ئىككى شاخچىنىڭ ئاستىدا بىر غۇنچە، ئۈچىنچى ئىككى شاخچىنىڭ ئاستىدا بىر غۇنچە بولسۇن؛ چىراغدانغا چىقىرىلغان ئالتە شاخچىنىڭ ئاستى ھەممىسى شۇنداق بولسۇن. [36] ئۇنىڭ شۇ غۇنچىلىرى ھەم شاخچىلىرى چىراغدان بىلەن بىر گەۋدە قىلىنسۇن ــ بىر پۈتۈن ساپ ئالتۇندىن سوقۇپ ياسالسۇن.
[37] سەن چىراغداننىڭ يەتتە چىرىغىنى ياسىغىن؛ چىراغلار ئۇدۇلغا يورۇق چۈشۈرەلىشى ئۈچۈن ئۈستى تەرەپكە ئورنىتىلسۇن. [38] ئۇنىڭ پىلىك قايچىلىرى بىلەن كۈلدانلىرى ساپ ئالتۇندىن ياسالسۇن. [39] چىراغدان ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەسۋابلىرى بىر تالانت ساپ ئالتۇندىن ياسالسۇن. [40] ساڭا تاغدا ئايان قىلىنغان نۇسخا بويىچە بۇلارنى ئېھتىيات بىلەن ياسىغىن.

## ئىبادەت چېدىرى ــ يوپۇقلىرى

26 [1] مۇقەددەس چېدىرنى ئون پارچە يوپۇقتىن ياساتقىن؛ يوپۇقلار نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختكە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنسۇن؛ ئۇنىڭغا كېرۇبلارنىڭ سۈرەتلىرىنى چېۋەر قوللارغا نەپىس قىلىپ كەشتىلەپ چىقارغۇزغىن. [2] ھەربىر يوپۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە سەككىز گەز، كەڭلىكى تۆت گەز بولۇپ، ھەربىر يوپۇق ئوخشاش چوڭ-كىچىكلىكتە بولسۇن. [3] يوپۇقلارنىڭ بەشى بىر-بىرىگە ئۇلانسۇن، قالغان بەش

34:25 **«غولىدىن»** ــ يەنى غولىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىن. 35-ئايەتنى كۆرۈڭ.
39:25 **«بىر تالانت ئالتۇن»** ــ بەلكىم 4.4 كىلوگرامچە بولۇشى مۇمكىن.
**40:25** روس. 7:44؛ ئىبر. 5:8
**1:26** مىس. 8:36

يوپۇقمۇ ھەم بىر-بىرىگە ئۇلانسۇن. [4]سەن ئۇلاپ چىقىلغان بىرىنچى چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قىسمىغا بىر تەرىپىگە رەڭگى كۆك ئىزمە قادىغىن، شۇنىڭدەك ئۇلاپ چىقىلغان ئىككىنچى چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكىسىنىڭ بىر تەرىپىگىمۇ ھەم شۇنداق قىلغىن. [5]بىرىنچى چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قىسمىغا ئەللىك ئىزمە قادىغىن، ئىككىنچى چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكىسىگىمۇ ئەللىك ئىزمە قادىغىن. ئىزمىلەر بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل بولسۇن. [6]مۇقەددەس چېدىر بىر پۈتۈن بولسۇن ئۈچۈن ئالتۇندىن ئەللىك ئىلغۇ ياساپ، ئىككى چوڭ پارچە يوپۇقنى شۇ ئىلغۇلار بىلەن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرغىن.

[7]مۇقەددەس چېدىرنى يېپىش ئۈچۈن ئۆچكە تىۋىتىدىن يوپۇقلارنى ياسىغىن؛ يوپۇقتىن ئون بىر پارچە ياسىغىن. [8]يوپۇقلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز گەز، كەڭلىكى تۆت گەز بولۇپ، ئون بىر يوپۇقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش چوڭ-كىچىكلىكتە بولسۇن. [9]يوپۇقلارنىڭ بەشىنى ئۇلاپ بىر قىلىپ، قالغان ئالتە يوپۇقنىمۇ ئۇلاپ بىر قىلىپ، ئالتىنچى يوپۇقنى ئىككى قات قىلىپ، چېدىرنىڭ ئالدى تەرىپىگە ساڭگىلىتىپ قويغىن.

[10]سەن بىرىنچى ئۇلاپ چىقىلغان چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قىسمىغا ئەللىك ئىزمە، ئىككىنچى ئۇلاپ چىقىلغان چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قىسمىغا ئەللىك ئىزمە قادىغىن. [11]سەن ھەم مىستىن ئەللىك ئىلغۇ ياساپ، چېدىر بىر پۈتۈن بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنى ئىزمىلەرگە ئۆتكۈزۈپ ئىككى چوڭ پارچىنى ئۇلاپ قويغىن. [12]لېكىن يوپۇقنىڭ چېدىرنىڭ كەينىدىن ئېشىپ قالغان قىسمى، يەنى ئېشىپ قالغان يېرىم پارچىسى چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدە ساڭگىلاپ تۇرسۇن. [13]چېدىر يوپۇقلىرىنىڭ چېدىرنىڭ

**7:26** مىس. 14:36

**9:26** «**چېدىرنىڭ ئالدى تەرىپىگە ساڭگىلىتىپ قويغىن**» — ياكى «چېدىرنىڭ كەينىگە قايرىپ قويغىن». مۇناسىۋەتلىك سىخېمىنى كۆرۈڭ.

بويىدىن ئارتۇق قىسمى، يەنى ئۇ تەرىپىدىن بىر گەز، بۇ تەرىپىدىن بىر گەز، چېدىرنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ساڭگىلاپ، ئۇنى تولۇق ياپسۇن.

[14]بۇنىڭدىن باشقا، چېدىرغا قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسىدىن يوپۇق ياساپ ياپقىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدىنمۇ دېلفىن تېرىسىدىن ياسالغان يەنە بىر يوپۇقنى قاپلىغىن.

[15]مۇقەددەس چېدىرنىڭ تىك تاختايلىرىنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ تىكلىگىن. [16]ھەربىر تاختاينىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز بولسۇن. [17]ھەربىر تاختاينىڭ ئىككىدىن تۇرۇمى بولسۇن، ھەر ئىككى تاختاي شۇلار بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلسۇن؛ چېدىرنىڭ بارلىق تاختايلىرىنى شۇنداق ياسىغىن.

[18]چېدىرنىڭ تاختايلىرىنى شۇنداق ياسىغىن: يىگىرمىسىنى جەنۇب تەرەپكە تىكلىگىن؛ [19]بۇ يىگىرمە تاختاينىڭ تېگىگە كۈمۈشتىن قىرىق تەگلىك ياسىغىن؛ بىر تاختاينىڭ ئاستىدىكى ئىككى تۇرۇمى ئۈچۈن ئىككىدىن تەگلىك، يەنە بىر تاختاينىڭ ئىككى تۇرۇمى ئۈچۈن ئىككىدىن تەگلىك ياسىغىن. [20]شۇنىڭدەك چېدىرنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە، يەنى شىمال تەرىپىدە يىگىرمە تاختاي بولسۇن؛ [21]بۇلارنىڭ قىرىق تەگلىكى كۈمۈشتىن بولسۇن؛ بىر تاختاينىڭ تېگىگە ئىككىدىن تەگلىك، يەنە بىر تاختاينىڭ تېگىگە ئىككىدىن تەگلىك ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن. [22]چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىگە، يەنى غەرب تەرەپكە ئالتە تاختاي ياساپ تىكلىگىن. [23]چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئىككى بۇلۇڭىغا ئىككى تاختاي ياساپ ئورناتقىن. [24]بۇ بۇلۇڭ تاختايلىرى ئاستىدىن ئۈستىگىچە

---

13:26 **«چېدىرنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ساڭگىلاپ، ئۇنى تولۇق ياپسۇن»** ــ كاناپ رەختتىن (كەندىر رەختتىن) قىلىنغان ئىچىدىكى يوپۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە سەككىز گەز بولغاچقا، چېدىرنىڭ ئىككى تەرىپىگە تولۇق يەتمەيتتى؛ يوپۇق بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدا بىر گەز ئارىلىق قالاتتى. ئۆچكە تۈۋتىدىن قىلىنغان يوپۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز گەز بولغاچقا، چېدىرنى تولۇق ياپاتتى. چېدىرنىڭ سخېمىلىرىنى كۆرۈڭ (ۋە مۇناسىۋەتلىك سخېمىنى كۆرۈڭ).

ئىككى قات قىلىنىپ تاختايلارنى ئۆزئارا چېتىشتۇرسۇن، ئۇستى
بىر ھالقىغا بېكىتىلسۇن. ھەر ئىككىسى شۇنداق قىلىنىپ،
ئىككى بۇلۇڭغا تىكلەنسۇن. [25] ئارقا تەرەپتە سەككىز تاختاي
بولىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان ئون ئالتە تەگلىكى بولىدۇ؛
بىر تاختاينىڭ تېگىدە ئىككى تەگلىك، يەنە بىر تاختاينىڭ
تېگىدە ئىككى تەگلىك بولىدۇ.
[26] بۇنىڭدىن باشقا سەن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بالداق ياسىغىن؛
چېدىرنىڭ بۇ تەرىپىدىكى تاختايلارغا بەش بالداقنى، [27] چېدىرنىڭ ئۇ
تەرىپىدىكى تاختايلارغا بەش بالداقنى، چېدىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى
تاختايلارغا، يەنى غەرب تەرىپىدىكى تاختايلارغا بەش بالداقنى
ياسىغىن. [28] تاختايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرا بالداق بۇ تەرەپتىن
ئۇ تەرەپكە يېتىدىغان بولسۇن.
[29] تاختايلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، بالداقلار ئۆتكۈزۈلىدىغان ھالقىلارنى
ئالتۇندىن ياساپ، بالداقلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلىغىن. [30] چېدىرنى
ساڭا تاغدا ئايان قىلىنغان نۇسخا بويىچە ياساپ تىكلىگىن.
[31] سەن نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختكە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل
يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەن بىر پەردە ياسىغىن؛ ئۇنى چېۋەر
قوللار كېرۇبلارنىڭ سۈرىتىنى نەپىس قىلىپ چۈشۈرۈپ كەشتىلەپ
چىقسۇن. [32] ئۇنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياسالغان تۆت خادىغا ئېسىپ
قويغىن. بۇ خادىلار ئالتۇن بىلەن قاپلانسۇن، ھەربىرىنىڭ ئالتۇن
ئىلمىكى بولسۇن؛ خادىلار كۈمۈشتىن ياسالغان تۆت تەگلىككە

---

**24:26 «...تاختايلىرى ... ئىككى قات قىلىنىپ تاختايلارنى ئۆزئارا چېتىشتۇرسۇن» —** بۇلۇڭ تاختايلىرىنىڭ قايسى شەكىلدە ئىكەنلىكىگە بىرنېمە دېيىش تەس. ھېچ بولمىغاندا ئۇلار كەينىدىكى تاختايلار ھەم ياندىكى تاختايلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئوينىشى كېرەك؛ بىزنىڭچە بۇلۇڭ تاختايلىرى يېنىدىكى تاختايلارغا تۇرۇملىرى بىلەن چېتىلىشى كېرەك (17-ئايەتنى كۆرۈڭ). بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە بۇلۇڭ تاختايلىرى ئوتتۇرىسىدىن ئېگىلىپ، «ئۇچ بۇرجەكلىك سىزغۇچ شەكلى»دە (يەنى «L» شەكلىدە) قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. مۇناسىۋەتلىك سخېمىنى كۆرۈڭ

**30:26** مىس. 25:9، 40؛ روس. 44:7؛ ئىبر. 5:8

**31:26** مىس. 35:36

# ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئەسۋابلىرى



«يوغان داس»



«مىس قۇربانگاھ»



«تەقدىم نان»
قويۇلىدىغان شىرە



ئالتۇن چىراغدان



خۇشبۇيگاھ

ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىچى





ئەھدە ساندۇقى

ئورنىتىلسۇن. [33] پەردە چېدىر يوپۇقىدىكى ئىلمەكلەرگە ئېسىلىپ
ساڭگىلىتىپ قويۇلسۇن؛ ئاندىن ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنى شۇ
يەرگە كەلتۈرۈپ، پەردىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرگىن. شۇنىڭ بىلەن
پەردە سىلەر ئۈچۈن مۇقەددەس جاي بىلەن ئەڭ مۇقەددەس جاينىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئايرىما پەردە بولسۇن. [34] ئاندىن سەن «كەفارەت
تەختى»نى ئەڭ مۇقەددەس جايدىكى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنىڭ
ئۈستىگە قويغىن.
[35] شىرە بولسا پەردىنىڭ تېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن؛ چىراغداننى
شىرەنىڭ ئۇدۇلىغا، چېدىرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە قويغىن؛ شىرەنى
شىمال تەرىپىگە قويغىن.
[36] بۇنىڭدىن باشقا سەن چېدىرنىڭ كىرىش ئېغىزىغا نېپىز توقۇلغان
ئاق كاناپ رەختكە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ
ئىشلەنگەن بىر پەردە ياسىغىن؛ ئۇ كەشتىچى تەرىپىدىن
كەشتىلەنسۇن. [37] بۇ پەردە ئۈچۈن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بەش خادا
ياساپ، ئۇلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلىغىن؛ ھەربىرىنىڭ ئالتۇن ئىلمىكى
بولسۇن؛ ئۇلارنىڭ تېگىگە بەش دانە تەگلىكنى مىستىن قۇيۇپ
تەييارلاتقىن.

## قۇربانگاھ

27 [1] سەن قۇربانگاھنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياسىغىن.
قۇربانگاھ تۆت چاسا بولسۇن؛ ئۇزۇنلۇقى بەش گەز، كەڭلىكى
بەش گەز، ئېگىزلىكى ئۈچ گەز قىلىنسۇن. [2] ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىگە
قويۇلىدىغان مۈڭگۈزلىرىنى ياسىغىن؛ مۈڭگۈزلىرى قۇربانگاھ
بىلەن بىر گەۋدە قىلىنسۇن. قۇربانگاھنى مىس بىلەن قاپلىغىن.
[3] قۇربانگاھنىڭ ياغ ۋە كۈلىنى ئېلىشقا داسلارنى ياسىغىن؛

36:26 مىس. 37:36
1:27 مىس. 1:38

ئۈنىڭغا خاس بولغان گۈرجەكلەرنى، كورىلارنى، لاخشىگىرلارنى ۋە
ئوتدانلارنىمۇ ياسىغىن؛ ئۇنىڭ بارلىق ئەسۋابلىرىنى ياساشقا مىس
ئىشلەتكىن. [4] قۇربانگاھ ئۈچۈن مىستىن بىر شالا ياسىغىن؛ شالانىڭ
تۆت بۇرجىكىگە تۆت مىس ھالقا ياساپ بېكىتىپ قويغىن. [5] شالانى
قۇربانگاھنىڭ قاپ بېلىنىڭ ئاستىدىكى گىرۋەكتىن تۆۋەنرەك
تۇرىدىغان قىلغىن، شۇنداقتا شالا قۇربانگاھنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا
بولىدۇ. [6] قۇربانگاھقا ئىككى بالداق ياسىغىن؛ ئۇلار ئاكاتسىيە
ياغىچىدىن بولسۇن، ئۇلارنى مىس بىلەن قاپلىغىن. [7] قۇربانگاھنى
كۆتۈرگەندە، بالداقلار ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى
ھالقىلارغا ئۆتكۈزۈپ قويغىن. [8] قۇربانگاھنى تاختايلاردىن ياسىغىن،
ئىچى بوش بولسۇن؛ ئۇ تاغدا ساڭا ئايان قىلىنغان نۇسخا بويىچە
ھۈنەرۋەنلەر تەييار قىلسۇن.

## ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھويلىسى

[9] مۇقەددەس چېدىرنىڭ ھويلىسىنىمۇ ياسىغىن. ھويلىنىڭ جەنۇبىغا،
يەنى جەنۇبقا يۈزلەنگەن تەرىپىگە نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتىن
پەردىلەرنى توقۇغىن؛ شۇ تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز بولسۇن.
[10] پەردىلەرنى ئېسىشقا يىگىرمە خادا ياسالسۇن؛ ئۇلارنىڭ تېگىگە
قويۇشقا يىگىرمە مىس تەگلىك ياسالسۇن؛ خادىلارنىڭ ئىلمىكى
بىلەن بالداقلار بولسا كۈمۈشتىن ياسالسۇن.

5:27 **«شالا»** ــ بارلىق ئايەتلەردىن قارىغاندا، شالانىڭ فۇنكسىيىسى مۇنداق: (1) قۇربانگاھنىڭ ئوتخانىسىدىكى ئوتنى كۆتۈرۈش؛ (2) شالانى كۆتۈرگەندە قۇربانگاھمۇ تەڭ كۆتۈرۈلۈش؛ شالا قۇربانگاھنىڭ ئاستى تەرىپىگە، يەنە گىرۋەكنىڭ ئاستىغا قويۇلغاچقا، شالانى كۆتۈرگەندە گىرۋەككە تېرىلىپ قۇربانگاھمۇ تەڭ كۆتۈرۈلەتتى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىز ھەم چېدىرنىڭ سىخېمىلىرىنى كۆرۈڭ (مۇناسىۋەتلىك سىخمىنى كۆرۈڭ).

**9:27** مىس. 9:38

10:27 **«بالداقلار»** ــ ئۇلار خادىلارنى ئۆزئارا چېتىپ تۇرىدىغان تاياقچىلار بولۇپ، خادىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە پەردىلەرنىمۇ كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ (17:38نى كۆرۈڭ).
—«بالداقلار»نىڭ باشقا تەرجىمىلىرى: «ھالقىلار» ياكى «چەمبەرلەر».

[11] شۇنىڭغا ئوخشاش شىمال تەرىپىدىمۇ ئۈزۈنلۈقى يۈز گەز كېلىدىغان پەردە بولسۇن. پەردىلەرنى ئېسىشقا يىگىرمە خادا ياسالسۇن؛ ئۇلارنىڭ تېگىگە قويۇشقا يىگىرمە مىس تەگلىك ياسالسۇن؛ خادىلارنىڭ ئىلمەكلىرى بىلەن بالداقلار بولسا كۈمۈشتىن ياسالسۇن.
[12] هويلىنىڭ غەرب تەرىپىدە ئۈزۈنلۈقى ئەللىك گەز كېلىدىغان پەردە بولسۇن؛ ئۇنىڭ ئون خادىسى ۋە ئون تەگلىكى بولسۇن.
[13] هويلىنىڭ شەرق تەرىپى، يەنى كۈن چىقىشقا يۈزلەنگەن تەرىپىنىڭ كەڭلىكى ئەللىك گەز بولسۇن. [14] بىر تەرىپىدە ئون بەش گەز كېلىدىغان پەردە بولسۇن؛ ئۇنىڭ ئۈچ خادىسى بىلەن ئۈچ تەگلىكى بولسۇن. [15] يەنە بىر تەرىپىدە ئون بەش گەز كېلىدىغان پەردە بولسۇن؛ ئۇنىڭ ئۈچ خادىسى بىلەن ئۈچ تەگلىكى بولسۇن. [16] هويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يىگىرمە گەز كېلىدىغان بىر پەردە قويۇلسۇن؛ پەردە نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختكە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كەشتىچى تەرىپىدىن كەشتىلەنسۇن. ئۇنىڭ تۆت خادىسى بىلەن تۆت تەگلىكى بولسۇن.
[17] هويلىنىڭ چۆرىسىدىكى ھەممە خادىلار كۈمۈشتىن ياسالغان بالداقلار بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلسۇن؛ ئۇلارنىڭ ئىلمەكلىرى كۈمۈشتىن، تەگلىكلىرى مىستىن ياسالسۇن. [18] هويلىنىڭ ئۈزۈنلۈقى يۈز گەز، كەڭلىكى ھەر ئىككى تەرىپى ئەللىك گەز بولسۇن؛ نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتىن ئىشلەنگەن پەردىنىڭ ئېگىزلىكى بەش گەز قىلىنسۇن؛ خادىلارنىڭ تەگلىكلىرى مىستىن ياسالسۇن.
[19] مۇقەددەس چېدىرنىڭ ئىش-خىزمىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بارلىق ئەسۋاب-سايمانلىرى ھەمدە بارلىق مىق-قوزۇقلىرى، شۇنداقلا هويلىنىڭ بارلىق مىق-قوزۇقلىرى مىستىن بولسۇن.

## يېنىق تۇرىدىغان چىراغ ھەققىدىكى بەلگىلىمە

[20] — چىراغنىڭ ھەمىشە يېنىق تۇرۇشى ئۈچۈن، چىراغقا ئىشلىتىشكە زەيتۇندىن سوقۇپ چىقىرىلغان ساپ ماينى قېشىڭغا كەلتۈرۈشكە

ئىسرائىللارنى بۇيرۇغىن. [21] جامائەت چېدىرىنىڭ ئىچىدە، ھۆكۈم-
گۇۋاھلىق ساندۇقىنىڭ ئۈدۈلىدىكى پەردىنىڭ تاشقىرىدا ھارۇن
ۋە ئوغۇللىرى ھەر كېچىسى ئەتىگەنگىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
چىراغلارنىڭ يېنىق تۇرغۇزۇش ئىشىدا بولسۇن. بۇ ئىش دەۋردىن-
دەۋرگىچە ئىسرائىللارغا ئەبەدىي بىر قانۇن-بەلگىلىمە بولسۇن.

## كاھىنلارنىڭ مۇقەددەس كىيىملىرى

28 [1] سەن ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدىن ئاكاڭ ھارۇن ۋە ئۇنىڭ
ئوغۇللىرىنى ئۆز قېشىڭغا كەلتۈرگىن؛ ئۇلارنى، يەنى ھارۇن
ۋە ئوغۇللىرى ناداب، ئابىھۇ، ئەلئازار ۋە ئىتامارلارنىڭ مېنىڭ
كاھىنلىق خىزمىتىمدە بولۇشى ئۈچۈن يېنىڭغا كەلتۈرگىن. [2] ئاكاڭ
ھارۇنغا ھەم شەرەپ ھەم گۈزەللىك ئۈچۈن مۇقەددەس كىيىملەرنى
تەييارلىغىن. [3] ھارۇنىنىڭ ماڭا مۇقەددەس قىلىنىپ، مېنىڭ كاھىنلىق
خىزمىتىمدە بولۇشى ئۈچۈن، مەن ئەقىل-پاراسەتنىڭ روھى بىلەن
قەلبلىرىنى تولدۇرغان چېۋەر كىشىلەرنىڭ ھەربىرىگە سۆز قىلىپ،
ئۇلارنى ئالاھىدە كىيىملەرنى تىكىشكە بۇيرۇغىن. [4] ئۇلار تىكىدىغان
كىيىملەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ــ بىر قوشېن، بىر ئەفود، بىر تون،
كەشتىلەنگەن بىر خالتا كۆڭلەك، بىر سەللە ۋە بىر بەلۋاغ. مېنىڭ
كاھىنلىق خىزمىتىمدە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاكاڭ ھارۇنغا ۋە
ئوغۇللىرىغا مۇقەددەس كىيىملەرنى تىكسۇن.

---

**20:27** لاۋ. 2:24

**21:27** **«جامائەت چېدىرى»** ــ بۇ ئىبادەت چېدىرىغا بېرىلگەن باشقا بىر نام.

**1:28** ئىبر. 4:5

**4:28** **«ئەفود» ۋە «قوشېن»** ــ بۇلار ۋە قاتارلىقلار توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى ۋە مۇناسىۋەتلىك سىخېمىلارنى كۆرۈڭ. «ئەفود» جىلتىكىگە ئوخشايدىغان بىرخىل كىيىم، «قوشېن» كاھىننىڭ مەيدىسىگە تاقىلىدىغان مەيدە يانچۇق بولۇپ، ئۈستىگە ئون ئىككى قەبىلىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئون ئىككى قىممەتلىك تاش بېكىتىلگەن.

# مۇقەددەس ئىبادەت چېدىرى − چېدىرنىڭ ئۆزى ۋە سىرتقى ھويلىسى







## قۇربانلىقلارنى سۇنۇش



## ئەفودنىڭ لايىھىلىنىشى

[5] ئۇنىڭغا ئالتۇن ۋە كۆك، سۆسۈن، قىزىل يىپلار بىلەن نىپىز توقۇلغان
ئاق كاناپ رەخت ئىشلىتىلسۇن؛ [6] ئەفودنى ئۇلار ئالتۇن ۋە كۆك،
سۆسۈن، قىزىل يىپلار بىلەن نىپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختلەرنى
تەييارلاپ، چېۋەر قوللارغا نەپىس قىلىپ كەشتىلىتىپ ئىشلەتسۇن
. [7] ئەفودنىڭ ئىككى بېشىنى بىر-بىرگە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىككى
دولىسىدا مۈرىلىك تاسما بولسۇن. [8] ئەفودنىڭ ئۈستىدىن باغلايدىغان،
كەشتىلەنگەن بەلۋاغ ئەفود بىلەن بىر پۈتۈن قىلىنسۇن ۋە ئۇنىڭغا
ئوخشاش سىپتا ئىشلىنىپ، ئالتۇن ۋە كۆك، سۆسۈن، قىزىل يىپلار ۋە
نىپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتىن ياسالسۇن. [9] ئىككى ئاق ھېقىقنى
تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ناملىرىنى
ئويدۇرغىن؛ [10] ئۇلارنىڭ ناملىرىنىڭ ئالتىسى بىر ياقۇتقا ئويۇلسۇن،
قالغان ئالتىسى بولسا يەنە بىر ياقۇتقا ئويۇلسۇن، ھەممىسى
تۇغۇلۇش تەرتىپى بويىچە پۈتۈلسۇن. [11] خۇددى ياقۇت نەقىشچىلىرى
ئىشلىگەندەك، مۆھۈر ئويۇلغاندەك ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
ناملىرىنى ئىككى ياقۇتقا ئويدۇرغىن؛ ئۇلار ئالتۇندىن ياسالغان
كۆزلۈككە بېكىتىلسۇن. [12] ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىغا ئەسلەتمە
تاش بولسۇن ئۈچۈن، ئىككى ياقۇتنى ئەفودنىڭ ئىككى مۈرىلىك
تاسمىسىغا قادىغۇزغىن؛ شۇنداق بولغاندا، ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا ئۇلارنىڭ ناملىرىنى ئەسلەتمە سۈپىتىدە مۈرىلىرىدە
كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ.
[13-14] بۇنىڭدىن باشقا، سەن ئالتۇندىن يەنە ئىككى كۆزلۈك ۋە ساپ
ئالتۇندىن شوينىدەك ئېشىپ ئېتىلگەن ئىككى زەنجىر ياساتقىن؛
ئاندىن ئېشىلمە زەنجىرلەر كۆزلۈكلەرگە بېكىتىلسۇن.

---

**6:28** مىس. 2:39

**7:28 «... ئىككى دولىسىدا مۈرىلىك تاسما بولسۇن»** ــ مۇناسىۋەتلىك سىخېمىنى كۆرۈڭ.

**8:28 «ئەفودنىڭ بەلۋېغى»** ــ 5-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بەلۋاغ ئەمەس. «لاۋ.» 8:7نى كۆرۈڭ.

**14-13:28 «يەنە ئىككى كۆزلۈك»** ــ مۇشۇ ئىككى كۆزلۈك ئەفودنىڭ ئىككى مۈرىسىگە

## قوشپىنىنىڭ ياسىلىشى

15 «ھۆكۈم قوشپىنى»نى چېۋەر قوللارغا نەپىس قىلىپ كەشتىلىتىپ
ياساتقىن؛ ئۇنى ھەم ئەفودنى ئىشلىگەن ئۇسۇلدا ياسىغان، ئالتۇن ۋە
كۆك، سۆسۈن، قىزىل يىپلار بىلەن نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتىن
ياسىغىن. 16 ئۇ ئىككى قات، تۆت چاسا قىلىنسۇن؛ ئۇزۇنلۇقى بىر
غېرىچ، كەڭلىكىمۇ بىر غېرىچ بولسۇن. 17 ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت قاتار
قىلىپ گۆھەرلەرنى ئورناتقىن: ـ بىرىنچى قاتارغا قىزىل ياقۇت،
سېرىق گۆھەر ۋە زۇمرەت ئورنىتىلسۇن؛ 18 ئىككىنچى قاتارغا كۆك
قاشتېشى، كۆك ياقۇت ۋە ئالماس ئورنىتىلسۇن؛ 19 ئۈچىنچى قاتارغا
سۆسۈن ياقۇت، پىروزا ۋە سۆسۈن كۋارتس ئورنىتىلسۇن؛ 20 تۆتىنچى
قاتارغا بېرىل ياقۇت، ئاق ھېقىق ۋە ئانارتاش ئورنىتىلسۇن؛ بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئالتۇن كۆزلۈك ئىچىگە ئورنىتىلسۇن. 21 بۇ گۆھەرلەر
ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ناملىرىغا ۋەكىل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ
سانىدەك ئون ئىككى بولۇپ، مۆھۈر ئويغاندەك ھەربىر گۆھەرگە ئون
ئىككى قەبىلىنىڭ نامى بىردىن-بىردىن پۈتۈلسۇن.
22 قوشپىنغا شوينىدەك ئېشىلگەن ساپ ئالتۇندىن ئىككى ئېشىلمە
زەنجىر ياسىغىن. 23 قوشپىنغا ئالتۇندىن ئىككى ھالقا ئېتىپ،
ئىككى ھالقىنى قوشپىنىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى بۇرجىكىگە بېكىتكىن؛ 24 ئاندىن ئالتۇندىن ئېشىلىپ ياسالغان ئىككى زەنجىرنى
قوشپىنىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى بۇرجىكىدىكى ھالقىدىن ئۆتكۈزۈپ،
25 ئېشىلگەن شۇ زەنجىرلەرنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككى كۆزلۈككە
بېكىتىپ، كۆزلۈكلەرنى ئەفودنىڭ ئىككى مۈرىلىك تاسمىسىنىڭ

بېكىتىلگەن، 9-21-ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئاق ھېقىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆزلۈكلەردۇر.
15:28 **«ھۆكۈم قوشپىنى»** ــ ئىچىدىكى «ئۇرىم ۋە تۇممىم» دېگەن تاشلار ئارقىلىق خۇدانىڭ مەلۇم ئىش توغرىسىدىكى ئىرادىسىنى ياكى ھۆكۈمىنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن (30-ئايەتنى كۆرۈڭ).
15:28 مىس. 8:39
16:28 **«ئۇ ئىككى قات، تۆت چاسا قىلىنسۇن»** ــ دېمەك، يانچۇق شەكلىدە.
23:28 **«قوشپىنىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى بۇرجىكىگە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قوشپىنىنىڭ ئىككى بېشىغا».

ئالدى قىسمىغا ئورناتقىن. [26]بۇنىڭدىن باشقا سەن ئالتۇندىن ئىككى ھالقا ياساپ، ئۇلارنى قوشېنىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ئىككى بۇرجىكىگە بېكىتكىن؛ ئۇلار ئەفودقا تېگىشىپ تۇرىدىغان قىلىنىپ ئىچىگە قادالسۇن. [27]مۇندىن باشقا سەن ئالتۇندىن يەنە ئىككى ھالقا ياساپ، ئۇلارنى ئەفودنىڭ ئىككى مۈرىلىك تاسمىسىنىڭ ئالدى تۆۋەنكى قىسمىغا، يەنى ئەفودقا ئۇلىنىدىغان جايغا يېقىن قىلىپ، كەشتىلەنگەن بەلۋاغدىن ئېگىزرەك قىلىپ بېكىتكىن. [28]قوشېنىنىڭ ئەفودنىڭ كەشتىلەنگەن بەلۋېغىدىن يۇقىرىراق تۇرۇشى، قوشېنىنىڭ ئەفودتىن ئاجراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قوشېنىنىڭ ھالقىسىنى كۆك شوينا بىلەن ئەفودنىڭ ھالقىسىغا چېتىپ قويغىن.

[29]شۇنداق قىلغاندا، ھارۇن مۇقەددەس جايغا كىرگەندە، ھۆكۈم قوشېنىنى تاقىغاچقا، ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ناملىرىنى ئەسلەتمە سۈپىتىدە يۈرىكىنىڭ ئۈستىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا دائىم كۆتۈرۈپ يۈرگەن بولىدۇ. [30]ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، ئۇرىم بىلەن تۇممىم ئۇنىڭ يۈرىكى ئۈستىدە بولۇشى ئۈچۈن، بۇلارنى ھۆكۈم قوشېنىنىڭ ئىچىگە ئالغىن؛ مۇشۇنداق قىلغاندا، ھارۇن ئىسرائىللارغا باغلىق ھۆكۈملەرنى ھەمىشە پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدا ئۆز يۈرىكى ئۈستىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن بولىدۇ.

---

26:28 **«قوشېنىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ئىككى بۇرجىكىگە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قوشېنىنىڭ ئىككى بېشىغا».

29:28 **«قوشېن»** ــ قوشېن ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك سىخېمىنى كۆرۈڭ.

30:28 **«ئۇرىم ۋە تۇممىم»** ــ ئالاھىدە بىرخىل تاشلار. بۇ تاشلار ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقى خۇدادىن يول سورىسا بولاتتى. ھەمدە ئۇلاردىن ھەرخىل جاۋاب چىقاتتى؛ مەسىلەن، «شۇنداق»، «ياق» دېگەندەك. بەزى ئەھۋاللاردا ھېچقانداق جاۋاب بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن (مەسىلەن، «ھاك.» 23:20، «1سام.» 37:14، 2:23-4، «2سام.» 6:28، 1:2 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ). «ئۇرىم»نىڭ مەنىسى «نۇرلار»، «تۇممىم»نىڭ مەنىسى «مۇكەممەللىك» ياكى «مۇكەممەل ئىشلار» دېگەنلىك؛ لېكىن ئۇلارنىڭ تەپسىلاتلىرى ھازىر بىزگە نامەلۇم.

# ئىبادەت چېدىرى (مۇقەددەس چېدىر)

## («مىسىردىن چىقىش» 25-31، 35-40-باب)



## باش كاھىن كىيىدىغان باشقا كىيىملەر؛
## باش كاھىننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كىيىملىرى

[31] ئەفودنىڭ ئىچىدىكى تونىنى پۈتۈنلەي كۆك رەڭلىك قىلغىن.
[32] توننىڭ باشقا كىيىلىدىغان تۆشۈكى دەل ئوتتۇرىسىدا بولسۇن؛ ئۇنىڭ يىرتىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خۇددى باپكار توقۇغاندەك، ساۋۇتنىڭ ياقىسىغا ئوخشاش چۆرىسىگە پەۋاز چىقىرىلسۇن. [33-34] ئۇنىڭ ئېتىكىنىڭ چۆرىسىگە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپتىن ئانارلارنى توقۇپ ئاسقىن ھەمدە ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى ياساپ، چۆرىسىدىكى ئانارلارنىڭ ئارىلىقىغا بىردىن ئېسىپ قويغىن؛ توننىڭ ئېتىكىنىڭ پۈتكۈل چۆرىسىگە بىر ئالتۇن قوڭغۇراق، بىر ئانار، يەنە بىر ئالتۇن قوڭغۇراق، بىر ئانار... بېكىتىلسۇن. [35] ھارۇن خىزمەت قىلغان ۋاقتىدا شۇ تونىنى كىيسۇن؛ بۇنىڭ بىلەن ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا بارغاندا، يەنى مۇقەددەس جايغا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كىرىپ-چىققاندا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ-دە، ئۇ ئۆلۈمدىن ئامان قالىدۇ.

[36] ئاندىن كېيىن سەن ساپ ئالتۇندىن نەپىس بىر ئوتتۇغاتنى ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۆھۈرگە نەقىشلەنگەندەك: «پەرۋەردىگارغا مۇقەددەس قىلىندى» دەپ ئويغىن؛ [37] ئۇنى كۆك رەڭلىك يىپ بىلەن سەللىسىگە چىگكىن؛ ئۇ سەللىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تاقالسۇن؛ [38] ئۇ

---

31:28 **«ئەفودنىڭ ئىچىدىكى تون»** — تون ئەفودنىڭ ئىچىگە كىيىلىدۇ (مۇناسىۋەتلىك سىخېمىنى كۆرۈڭ).
**31:28** مىس. 22:39
32:28 **«ساۋۇت»** — جەڭچىنىڭ ئالاھىدە كىيىمى.
34-33:28 **«ئانارلار»** — مۇشۇ «ئانارلار» مارجاندەك چوڭلۇقتا توقۇلغان بولۇشى كېرەك.
35:28 **«ھارۇن ... پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كىرىپ-چىققاندا قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ-دە، ئۇ ئۆلۈمدىن ئامان قالىدۇ»** — قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازلىرى خۇداغا باش كاھىننىڭ ئىسرائىلغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.
36:28 **«ئوتتۇغات»** — باش كىيىمگە تاقىلىدىغان كىچىك تاختا ياكى مەنسەپ بەلگىسىدىن ئىبارەت.
**36:28** مىس. 30:39

**ھارۇننىڭ پېشانىسىدە تۇرسۇن. بۇنىڭ بىلەن ھارۇن ئىسرائىللارنىڭ مۇقەددەس قىلىپ كەلتۈرگەن بارلىق مۇقەددەس ھەدىيەلىرىگە چاپلاشقان گۇناھلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرىدۇ؛ ھەدىيەلەرنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئوتۇغات ھەمىشە ئۇنىڭ پېشانىسىگە تاقاقلىق تۇرسۇن.**

**[39] بۇنىڭدىن باشقا ئاق كاناپ رەختتىن بىر كۆڭلەك توقۇغىن، شۇنىڭدەك كاناپ رەختتىن توقۇلغان بىر سەللە تەييارلىغىن؛ كەشتىلەنگەن بىر بەلۋاغ ياسىغىن.**

**[40] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىغا خالتا كۆڭلەكلەرنى تىككىن؛ ئۇلارغىمۇ بەلۋاغلارنى تەييارلا، ئۇلارغا ئېگىز بۆكلەرنىمۇ تىككىن؛ بۇلار ئۇلارغا ھەم شەرەپ ھەم گۈزەللىك بولسۇن. [41] بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەن ئاكاڭ ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا كىيدۈرگىن؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا كاھىنلىق خىزمىتىمدە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى مەسىھلەپ، ماڭا مۇقەددەس قىلىپ ئايرىغىن.**

**[42] ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنىڭ يېپىق تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا كاناپ رەختتىن تامبال ئەتتۈرگىن؛ ئۇ بېلىدىن يوتىسىغىچە يېپىپ تۇرسۇن. [43] ھارۇن ۋە ئوغۇللىرى جامائەت چېدىرىغا كىرگەندە ياكى مۇقەددەس جايدا**

---

38:28 **«ئىسرائىللارنىڭ مۇقەددەس قىلىپ كەلتۈرگەن بارلىق مۇقەددەس ھەدىيەلىرىگە چاپلاشقان گۇناھلار»** ــ بۇنىڭ مەنىسى: (1) ئىسرائىللارنىڭ مۇشۇ ھەدىيە-قۇربانلىقلارنى كەلتۈرۈشتىن مەقسىتى (خۇدانىڭ سۆزىگە ئاساسەن) گۇناھنى يېپىشتىن ئىبارەتتۇر، شۇڭا ھەدىيەلەر گۇناھ بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر؛ (2) ئىسرائىللار ھەدىيە-قۇربانلىقلىرىنى كەلتۈرگىنىدە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدا دىققەتسىزلىكتىن ھەدىيەلەرگە گۇناھقا چېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن ياكى ھەدىيە كەلتۈرگۈچىنىڭ نىيەتلىرىگە مەلۇم يامان غەرەز چېتىلىشلىق بولۇشى مۇمكىن. بىز ئىككىنچى چۈشەنچىگە مايىل.

39:28 **«كاناپ رەختتىن بىر كۆڭلەك توقۇغىن»** ــ ياكى «كاناپ رەختتىن ئالىچىپار بىر خالتا كۆڭلەك تىككىن». **«كەشتىلەنگەن بىر بەلۋاغ ياسىغىن»** ــ بۇ بەلۋاغ ئەفودنىڭكى ئەمەس. «لاۋ.» 8:7نى كۆرۈڭ.

41:28 **«مېنىڭ ئالدىمدا كاھىنلىق خىزمىتىمدە بولۇش»** ــ بۇ ئايەتتىكى «ئالدىمدا كاھىنلىق خىزمىتىمدە بولۇش» ئىبرانىي تىلىدا «قولىغا تولتقۇزۇش» ياكى «قولىغا بېرىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. كاھىنلىق ۋەزىپىسى ئاساسەن خۇدانىڭ قۇربانلىقلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىش بىلەن باشلىناتتى؛ شۇڭا ئۇلار قولىغا ھېچقانداق باشقا ئىشلارنى ئېلىشقا بولمايتتى.

خىزمەتتە بولۇش ئۈچۈن قۇربانگاھقا يېقىنلاشقاندا، ئۇلار گۇناھكار بولۇپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تامبالنى كىيىۋالسۇن. بۇ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەسىللىرى ئۈچۈن ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولسۇن.

## ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاھىنلىققا ئايرىلىشى

29 [1] ئۇلارنىڭ ماڭا مۇقەددەس قىلىنىپ، كاھىنلىق خىزمىتىمدە بولۇشى ئۈچۈن مۇنداق ئىشنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك: ــ سەن بىر ياش ئەركەك تورپاق بىلەن ئىككى قوچقارنى تاللا (ھەممىسى بېجىرىم بولسۇن) [2] ھەمدە پېتىر نان، زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن پېتىر توقاچ ۋە زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈپ مەسىھلەنگەن پېتىر ھەمەك نانلارنى تەييارلا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇغداي ئۇنىدىن قىلغىن؛ [3] نانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر سېۋەتكە سېلىپ، سېۋەتنى، تورپاقنى ۋە ئىككى قوچقارنى بىللە ھەدىيە قىلىپ كەلتۈرگىن.
[4] سەن ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىن ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى سۇ بىلەن يۇغىن؛ [5] ئاندىن كىيىملىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھارۇنغا خالتا كۆڭلەك، ئەفود تونى ۋە ئەفودنى كىيدۈرگىن، قوشېنىنى تاقىغىن؛ ئاندىن بېلىگە ئەفودنىڭ كەشتىلەنگەن بەلۋېغىنى باغلىغىن. [6] بېشىغا سەللىنى يۆگەپ، سەللىگە مۇقەددەس ئوتۇغاتنى تاقاپ قويغىن. [7] ئاندىن مەسىھلەش مېيىنى ئېلىپ، بېشىغا قۇيۇپ ئۇنى مەسىھلىگىن.

43:28 **«جامائەت چېدىرىغا كىرگەندە»** ــ مۇشۇ يەردە چېدىرنىڭ ھويلىسىغا كىرىشنى كۆرسىتىدۇ.
**1:29** لاۋ. 8:2؛ 9:2
2:29 **«توقاچ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆز ياكى ھالقىسىمان ياكى چەككۈچ بىلەن تېشىلگەن بىرخىل نانلارنى كۆرسىتىدۇ.
5:29 **«ئەفود تونى»** ــ توننىڭ ئەفود بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغاچقا، بەزى يەرلەردە «ئەفود تونى» دېيىلىدۇ.
**7:29** مىس. 25:30

## باش كاھىن خىزمەتتە كىيىدىغان
## «گۈزەل ھەم شەرەپلىك» مۇقەددەس كىيىملەر
(«مىسىردىن چىقىش» 28:4-43)



[8] ئاندىن سەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارغا خالتا
كۆڭلەكلەرنى كىيدۈرگىن؛ [9] ئۇلارغا، يەنى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا
بەلۋاغلارنى باغلاپ، ئېگىز بۆكلەرنى كىيدۈرگىن. شۇنىڭ بىلەن
ئەبەدىي بەلگىلىمە بويىچە، كاھىنلىق خىزمىتى ئۇلارنىڭكى بولىدۇ؛
شۇنداق قىلىپ، سەن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى خۇداغا
مۇقەددەس قىلىپ ئايرىپ تەيىنلىگىن.
[10] — سەن تورپاقنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگىن؛ ئېلىپ
كەلگىنىڭدە ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوللىرىنى تورپاقنىڭ
بېشىغا قويسۇن. [11] ئاندىن سەن بۇ تورپاقنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا،
جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ يېنىدا بوغۇزلىغىن؛
[12] تورپاقنىڭ قېنىدىن ئېلىپ بارمىقىڭ بىلەن ئۇنى قۇربانگاھنىڭ
مۈڭگۈزلىرىگە سۈرۈپ، قالغان قاننىڭ ھەممىسىنى قۇربانگاھنىڭ
تۈۋىگە تۆكۈپ قويغىن. [13] ئىچ قارنىنى يۆگەپ تۇرغان بارلىق مايىنى،
شۇنداقلا جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا مايى، ئىككى بۆرەك ۋە ئۇلارنىڭ
ئۈستىدىكى مايىنى ئاجرىتىپ بۇلارنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرگىن.
[14] تورپاقنىڭ گۆشى، تېرىسى ۋە تېزىكىنى بولسا چېدىرگاھنىڭ
سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، ئوتتا كۆيدۈرىۋەتكىن؛ بۇ گۇناھ قۇربانلىقى
بولىدۇ.
[15] ئاندىن سەن قوچقارلارنىڭ بىرىنى ئېلىپ كەلگىن؛ ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويسۇن؛ [16] ئاندىن سەن بۇ
قوچقارنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ قېنىدىن قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ
ئەتراپىغا سەپكىن. [17] قوچقارنى پارچىلاپ، ئۇنىڭ ئىچ قارنى بىلەن

---

10:29 **«قوللىرىنى تورپاقنىڭ بېشىغا قويسۇن»** — تەۋرات ۋە ئىنجىل دەۋرىدىمۇ «قوللارنى باشقا قويۇش» قول قويغۇچىلارنىڭ قول قويۇلغۇچى بىلەن بىر تەرەپتە تۇرىدىغانلىقى ياكى ئۇنىڭ ئورنىدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ يەردە ھارۇن ۋە ئوغۇللىرىنىڭ «قوللىرىنى باشقا قويۇش»ى «بىز مۇشۇ قۇربانلىقتا ئوخشاش خۇداغا مۇتلەق ئاتالغانمىز» دېگەننى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ.

**10:29** لاۋ. 3:1

**14:29** لاۋ. 12:4؛ ئىبر. 11:13

**16:29** ئىبر. 9:12،19

پاچاقلىرىنى يۇيۇپ، ئۇلارنى گۆش پارچىلىرى ۋە باشىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، [18] پۈتۈن قوچقارنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرگىن. بۇ پەرۋەردىگارغا ئاتالغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق-ئوت ئارقىلىق سۇنۇلىدىغان، پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي يەتكۈزىدىغان ھەدىيە بولىدۇ. [19] كېيىن سەن ئىككىنچى قوچقارنى ئېلىپ كەلگىن؛ ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويسۇن. [20] ئاندىن بۇ قوچقارنى بوغۇزلاپ قېنىدىن ئېلىپ، ھارۇننىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا، ئۇلارنىڭ ئوڭ قوللىرىنىڭ چوڭ بارمىقى بىلەن ئوڭ پۇتلىرىنىڭ چوڭ بارمىقىغا سۈركەپ قويغىن، قالغان قاننى قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئەتراپىغا سەپكىن. [21] ئاندىن قۇربانگاھ ئۈستىدىكى قاندىن ۋە مەسھلەش مېيىدىن ئېلىپ، ھارۇننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ كىيىملىرىگە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۈستىگە ۋە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگىمۇ سەپكىن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ۋە ئۇنىڭ كىيىملىرى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ خۇداغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلىنغان بولىدۇ.

[22] ئاندىن سەن قوچقارنىڭ مېيى، قۇيرۇق مېيى، ئىچ قارنىنى يۆگەپ تۇرغان بارلىق ماي، جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا ماي، ئىككى بۆرەك ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ماينى چىقار ھەمدە ئوڭ ئارقا پۇتىنى ئالغىن — (چۈنكى بۇ قوچقار كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقىغا ئاتالغان قوچقاردۇر) — [23] بۇنىڭدىن باشقا سەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قويۇلغان پېتىر نان سېۋىتىدىن بىر گىردىنى، زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن پېتىر توقاچتىن بىرنى ۋە پېتىر ھەمەك ناندىن بىرنى ئېلىپ، [24] بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھارۇننىڭ قوللىرىغا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قوللىرىغا قويۇپ، ئۇلارنى «پۇلاڭلاتما ھەدىيە» سۈپىتىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلاتقۇزغىن. [25] ئاندىن سەن بۇلارنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خۇشبۇي چىقارسۇن دەپ، قۇربانگاھتىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ ئۈستىدە

20:29 **«قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا»** — ياكى «قۇلىقىنىڭ ئۇچىغا».

قويۇپ كۆيدۈرگىن. بۇ ئوت ئارقىلىق پەرۋەردىگارغا سۇنۇلغان ھەدىيە
بولىدۇ.
26 سەن ھارۇننى كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقىغا ئاتالغان قوچقارنىڭ
تۆشىنى ئېلىپ «پۇلاڭلاتما ھەدىيە» سۈپىتىدە پەرۋەردىگارنىڭ
ھۇزۇرىدا پۇلاڭلاتقىن؛ بۇ سېنىڭ ئۈلۈشۈڭ بولىدۇ. 27 شۇنىڭدەك، سەن
كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقىغا ئاتالغان قوچقارنىڭ «پۇلاڭلاتما
ھەدىيە» سۈپىتىدە پۇلاڭلىتىلغان تۆشى بىلەن «كۆتۈرمە ھەدىيە»
سۈپىتىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىلغان ئارقا پۇتىنى، يەنى ھارۇن
ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بېغىشلانغان شۇ ئۈلۈشلەرنى «مۇقەددەس»
دەپ ئايرىپ بېكىتكىن. 28 شۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسىلەر ئەبەدىي
بەلگىلىمە بويىچە ئىسرائىللار تەرىپىدىن ھارۇن ۋە ئوغۇللىرىغا
بېغىشلانغان نېسىۋە بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇ كۆتۈرمە ھەدىيەدۇر. بۇلار
ئىسرائىللار تەرىپىدىن سۇنۇلىدىغان ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىدىن
ئايرىپ چىقىلىپ، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ «ئېگىز كۆتۈرگەن
ھەدىيە»سى ھېسابلىنىپ، «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولىدۇ.
29 ھارۇننىڭ مۇقەددەس كىيىملىرىگە كېيىن ئوغۇللىرى ۋارىسلىق
قىلىدۇ. ئۇلار مەسىھلىنىپ، كاھىنلىققا تەيىنلەنگەندە شۇ كىيىملەرنى
كىيسۇن. 30 ئوغۇللىرىنىڭ قايسىسى ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ كاھىن
بولسا، جامائەت چېدىرىغا كىرىپ مۇقەددەس جاينىڭ ئىچىدە خىزمەتكە
كىرىشكەندە، بۇ كىيىملەرنى ئۇدا يەتتە كۈن كىيىپ يۈرسۇن.
31 سەن كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقىغا ئاتالغان قوچقارنى ئېلىپ،
ئۇنىڭ گۆشىنى مۇقەددەس جايدا پىشۇرغىن؛ 32 ئاندىن ھارۇن ۋە

---

26:29 **«پۇلاڭلاتما ھەدىيە»** ــ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالاھىدە پۇلاڭلاتقان ھەدىيەدۇر. «پۇلاڭلاتما ھەدىيە» ئادەتتە بارلىق كاھىنلارغا تەۋە بولىدۇ.

27:29 **«كۆتۈرمە ھەدىيە»** ــ كاھىن ياكى ھەدىيەنى سۇنغان كىشى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا ئىككى قوللاپ ئالاھىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتىغان ھەدىيە. «كۆتۈرمە ھەدىيە» ئادەتتە قۇربانلىققا مەسئۇل كاھىنغا تەۋە بولىدۇ.

**28:29** لاۋ. 7:31، 34؛ 14:10

31:29 **«مۇقەددەس جاي»** ــ مۇشۇ يەردە ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھويلىسىنى كۆرسىتىدۇ («لاۋ.»

ئوغۇللىرى قوچقارنىڭ گۆشى بىلەن سېۋەتتىكى نانلارنى جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا يېسۇن؛ [33] ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاھىنلىققا تەيىنلىنىشىدە خۇداغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلىنغاندا كەفارەتكە ئىشلىتىلگەن نەرسىلەرنى يېسۇن، لېكىن بۇلار مۇقەددەس بولغاچقا، يات كىشى بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى يېمىسۇن. [34] ئەگەر كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىق گۆشىدىن ياكى ناندىن ئەتىگە ئازراق ئېشىپ قالسا، ئېشىپ قالغاننى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەت؛ بۇلار مۇقەددەس بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭدىن يېسە بولمايدۇ.

[35] سەن شۇ تەرىقىدە ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى توغرىسىدا بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇدا يەتتە كۈنگىچە ئۇلارنى كاھىنلىققا تىكلەش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغىن. [36] ھەر كۈنى كەفارەت قىلىنىشقا گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تورپاقنى سۇنغىن. قۇربانگاھنىڭ ئۆزىنى گۇناھتىن پاك قىلىشقا ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كەفارەت كەلتۈرگىن، مۇقەددەس قىلىنسۇن دەپ، ئۇنى زەيتۇن مېيى بىلەن مەسىھلىگىن. [37] يەتتە كۈنگىچە سەن قۇربانگاھ ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈپ، ئۇنى مۇقەددەس قىلغىن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇنىڭغا تەگكەن ھەممە نەرسە مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ.

---

31:8نى كۆرۈڭ). **«پىشۇرغىن»** ــ ياكى «قايناتقىن».

**32:29** لاۋ. 31:8؛ 9:24

**33:29 «يات كىشى»** ــ مۇشۇ يەردە كاھىن بولمىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**33:29** لاۋ. 14:10؛ مات. 4:12

37:29 **«بۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇنىڭغا تەگكەن ھەممە نەرسە مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ»** ــ مۇقەددەس چېدىردىكى بارلىق جابدۇقلار «ئەڭ مۇقەددەس» ۋە «مۇقەددەس» دەپ بۆلىنىدۇ. «ئەڭ مۇقەددەس» بولغانلارغا تەگكەنلەر شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالاھىدە «خۇدانىڭكى» دەپ ھېسابلىناتتى (29:30، «لاۋ.» 18:6، 27، «ئەز.» 20:46نىمۇ كۆرۈڭ). ئادەتتە شۇنداق قىلغان كىشىلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشى كېرەك ئىدى؛ لېكىن پاناھ ئىزدىگەنلەر قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى تۇتسا بولاتتى («1پاد.» 50:1نى كۆرۈڭ).

## كۈندىلىك قۇربانلىق توغرىسىدا

[38] مانا، قۇربانگاھتا ھەمىشە سۇنىدىغانلىرىڭ مۇنۇلار: ــ ھەر كۈنى
بىر ياشلىق ئىككى قوزا قۇربانلىق قىلىنسۇن. [39] بىرىنى ئەتىگەندە،
يەنە بىرىنى گۇگۇمدا قۇربانلىق قىلىپ سۇنغىن. [40] بىرىنچى قوزا بىلەن
بىرگە زەيتۇن مېيىدىن بىر ھىننىڭ تۆتتىن بىرى ئېلەشتۇرۇلگەن
بۇغداي ئۇنىدىن ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرى ۋە يەنە شاراب ھەدىيەسى
سۈپىتىدە تۆتتىن بىر ھىن شاراب قوشۇپ سۇنۇلسۇن. [41] ئىككىنچى
قوزنى گۇگۇمدا سۇنغىن؛ ئۇنى ئەتىگەنلىك قۇربانلىقنىڭكىدەك،
خۇشبۇي بولۇشى ئۈچۈن ئوت ئارقىلىق پەرۋەردىگارغا ئاتالغان
قۇربانلىق سۈپىتىدە ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە شاراب ھەدىيەسى بىلەن
قوشۇپ سۇنغىن. [42] شۇ تەرىقىدە بۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق نەسلىدىن-
نەسلىگە جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا پەرۋەردىگارنىڭ
ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلۈپ دائىملىق قۇربانلىق بولسۇن؛ مەن پەرۋەردىگار شۇ
يەردە سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، سەن بىلەن سۆزلىشىمەن. [43] شۇنىڭدەك
مەن شۇ يەردە ئىسرائىللار بىلەن ئۇچرىشىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاي
مېنىڭ شان-شەرىپىم بىلەن مۇقەددەس قىلىنىدۇ. [44] مەن جامائەت
چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنى ئۆزۈمگە ئاتاپ مۇقەددەس قىلىمەن؛
ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىمۇ ئۆزۈمگە كاھىنلىق خىزمەتتە بولۇشقا
ئايرىپ مۇقەددەس قىلىمەن. [45] شۇنداق قىلىپ مەن ئىسرائىللارنىڭ
ئارىسىدا ماكان قىلىپ، ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن. [46] ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار
مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماكان قىلىشىم ئۈچۈن ئۇلارنى مىسىر
زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن خۇداسى پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلىدۇ؛ مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگاردۇرمەن.

**38:29** چۆل. 3:28

**39:29** **«گۇگۇمدا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىككى كەچ ئارىلىقىدا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ــ دېمەك، كۈن پېتىۋاتقان چاغدىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت.

**40:29** **«بىر ئەفاھ»** ــ تەخمىنەن 2 كۈرە ياكى 22 لىتر. بىر ھىن تەخمىنەن 3.6 لىتر.

**45:29** مىس. 8:25؛ لاۋ. 12:26؛ زەب. 60:78؛ زەك. 14:2؛ 2كور. 16:6؛ ۋەھ. 3:21

## خۇشبۇيگاھ

30 [1] سەن يەنە خۇشبۇي ياندۇرۇش ئۈچۈن بىر خۇشبۇيگاھنى
ياساتقىن؛ ئۇنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن تەييارلىغىن. [2] ئۇ تۆت
چاسا، ئۇزۇنلۇقى بىر گەز، كەڭلىكى بىر گەز، ئېگىزلىكى ئىككى
گەز بولسۇن. ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىدىكى مۈڭگۈزلەر ئۇنىڭ بىلەن
بىر پۈتۈن قىلىپ ياسالسۇن. [3] سەن ئۇنى، يەنى ئۇنىڭ ئۈستىنى،
تۆت ئەتراپىنى ھەم مۈڭگۈزلىرىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاتقىن؛
ئۇنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن گىرۋەك چىقارغىن.
[4] ئۇنىڭغا ئالتۇندىن ئىككى ھالقا ياساپ، ئۇنىڭ گىرۋىكىنىڭ
ئاستىغا بېكىتكىن؛ ئۇلارنى ئىككى يېنىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل بېكىتكىن.
خۇشبۇيگاھنى كۆتۈرىدىغان ئىككى بالداقنى سېلىش ئۈچۈن بۇلارنى
خۇشبۇيگاھنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرغىن. [5] بالداقلىرىنى
ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىغىن.
[6] خۇشبۇيگاھنى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنىڭ ئۇدۇلىدىكى
پەردىنىڭ سىرتىغا، يەنى مەن سەن بىلەن كۆرۈشىدىغان جاي
بولغان ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى كافارەت
تەختىنىڭ ئۇدۇلىغا قويغىن.
[7] ھارۇن شۇنىڭ ئۈستىدە ئېسىل خۇشبۇي ئەتىرنى ياندۇرسۇن؛
ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چىراغلارنى پەرلىگىلى كەلگەندە،
خۇشبۇيلارنى ياندۇرسۇن. [8] شۇنىڭدەك ھارۇن گۇگۇمدا
چىراغلارنى تىزىپ ياققاندا، خۇشبۇي ياندۇرسۇن. شۇنداق قىلىپ
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا نەسلىدىن-نەسلىگە خۇشبۇي ھەمىشە
ئۆچۈرۈلمەي يېنىق بولىدۇ.

1:30 **«خۇشبۇيگاھ»** ــ مۇناسىۋەتلىك سىخېمىنى كۆرۈڭ.

1:30 مىس. 25:37

4:30 **«ئىككى يېنىغا»** ــ ياكى «ئىككى بۇرجىكىگە». مۇناسىۋەتلىك سىخېمىنى كۆرۈڭ.

7:30 1سام. 3:3

8:30 **«گۇگۇمدا»** ــ 7:12دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«چىراغلارنى تىزىپ ياققاندا»** ــ چىراغلار دائىم يېنىق تۇرىدۇ، ئاساسەن ئۆچۈرۈلمەيدۇ (20:27، «لاۋ.» 2:24نى كۆرۈڭ). مۇشۇ سۆز

9 سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە نە ھېچقانداق غەيرىي خۇشبۇي ياندۇرماڭلار،
نە كۆيدۈرمە قۇربانلىق نە ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنماڭلار، شۇنداقلا
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق شاراب ھەدىيەسىنى تۆكمەڭلار.
10 ھەر يىلدا ھارۇن بىر قېتىم خۇشبۇيگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە كەفارەت
كەلتۈرسۇن؛ ھەر قېتىم كەفارەت كەلتۈرىدىغان گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ
قېنى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرسۇن. نەسىلدىن-نەسىلگە
شۇنداق قىلىڭلار؛ بۇ خۇشبۇيگاھ پەرۋەردىگارغا «ئەڭ مۇقەددەس»
ھېسابلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

## ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە تاپشۇرۇلىدىغان كەفارەت پۇلى

11 پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ
12 سەن ئىسرائىللارنىڭ سانىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇلارنى سانىغىنىڭدا،
ئۇلارنىڭ سانىلىشى ۋەجىدىن ئارىسىغا بالايىئاپەت كەلمەسلىكى ئۈچۈن،
ئۇلارنى سانىغىنىڭدا ھەربىر ئادەم ئۆز جېنى ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا كەفارەت
پۇلى تاپشۇرسۇن. 13 رويخەتكە ئېلىنىپ، ساناقتىن ئۆتكەنلەرنىڭ
ھەممىسى بېرىشى كېرەك بولغىنى شۇكى، ھەربىرى مۇقەددەس جايدىكى
شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە يېرىم شەكەل بەرسۇن (بىر شەكەل
يىگىرمە گەراھقا باراۋەر كېلىدۇ). بۇ يېرىم شەكەل پەرۋەردىگارغا

بەلكىم چىراغداننىڭ ئۈستىدىكى يەتتە قەدەھنى بىر-بىرلەپ چۈشۈرۈپ، زەيتۇن مېيىنى قۇيۇپ ئاندىن قايتىدىن ياندۇرۇشنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

12:30 **«ئۇلارنى سانىغىنىڭدا ھەربىر ئادەم ئۆز جېنى ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا كەفارەت پۇلى تاپشۇرسۇن»** ــ نېمىشقا ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈش ۋەجىدىن كەفارەت كەلتۈرۈشى كېرەك؟ خەلقنىڭ سانىنى ئېنىقلاشتىن ئىككى خىل گۇناھ پەيدا بولۇشى مۇمكىن: (1) ئىسرائىل خەلقى ئۆزلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىپ، تەكەببۇرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن؛ (2) قىيىنچىلىقتا دۈچ كەلگەندە، ئۇلار خۇداغا تايانماي، بەلكى ئۆز كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئىسرائىللاردىن بۇ پۇلنى ئېلىش ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىق تەبىئىتى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى؛ دەرۋەقە بۇ پۇل مۇقەددەس چېدىردا ئۇلارغا كەفارەت كەلتۈرۈشكە كاھىنلار تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان خىزمەتتە ئىشلىتىلەتتى (16-ئايەت).
—خۇدانىڭ بۇيرۇقى بولمىسا خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈشكە قەتئىي بولمايتتى (مەسلەن، «1تار.» 1:21-5نى كۆرۈڭ).

**12:30** چۆل. 2:1

«كۆتۈرمە ھەدىيە» بولىدۇ.[14] رويخەتكە ئېلىنىپ، ساناقتىن ئۆتكەنلەر، يەنى يىگىرمە ياش ياكى ئۇنىڭدىن چوڭلارنىڭ ھەربىرى پەرۋەردىگارغا شۇ «كۆتۈرمە ھەدىيە»نى بەرسۇن.[15] ئۆز جېنىڭلارغا كەفارەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا كۆتۈرمە ھەدىيە بەرگىنىڭلاردا باي كىشى يېرىم شەكەلدىن ئارتۇق بەرمىسۇن، كەمبەغەل كىشىمۇ يېرىم شەكەلدىن كەم بەرمىسۇن.[16] سەن ئىسرائىللاردىن شۇ كەفارەت پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ خىزمىتىگە بېغىشلاپ ئىشلەتكىن؛ ئۇ پۇل ئىسرائىللارغا پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ئەسلەتمە سۈپىتىدە جېنىڭلارغا كەفارەت كەلتۈرىدىغان بولىدۇ.

## يۇيۇنۇش دېسى، يەنى «پاكلىنىش دېسى»

[17] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ
[18] سەن يۇيۇنۇشقا ئىشلىتىشكە مىستىن يوغان بىر داس ۋە ئۇنىڭغا مىستىن بىر تەگلىك ياساتقىن؛ ئۇنى جامائەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىچىگە سۇ توشتۇرۇپ قويغىن.[19] ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭدىكى سۇ بىلەن پۇت-قوللىرىنى يۇسۇن.[20] ئۇلار جامائەت چېدىرىغا كىرگەندە ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن سۇ بىلەن ئۆزىنى يۇيۇشى كېرەك؛ ئۇلار خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، قۇربانگاھقا يېقىن بېرىپ پەرۋەردىگارغا ئوت ئارقىلىق ئاتىلىدىغان قۇربانلىق سۇنماقچى بولغىنىدىمۇ، شۇنداق قىلسۇن.[21] ئۇلار ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن پۇت-قوللىرىنى يۇسۇن؛ بۇ ئىش ئۇلارغا، يەنى ئۆزى ۋە ئۇنىڭ نەسىللىرى ئۈچۈن ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولىدۇ.

13:30 **«مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە»** ــ «شەكەل» كۈمۈشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئادەتتە 11.4 گرامغا باراۋەر بولۇشى مۇمكىن. «مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى» شۈبھىسىزكى، پۈتكۈل ئەل ئۈچۈن ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بولسۇن دەپ، مۇقەددەس جايدا ساقلانغان مۇقىم بېكىتىلگەن بىرنەرسىچە خىل ئۆلچەم بىرلىكى بولسا كېرەك.

**13:30** لاۋ. 25:27؛ چۆل. 47:3؛ ئەز. 12:45

**16:30** مىس. 25:38

## ۋەقەددەس ماي تەييارلاش يولى

[22] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ
[23] سەن ھەممىدىن ئېسىل خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەردىن تەييارلا، يەنى مۇرمەككى سۈيۇقلۇقىدىن بەش يۈز شەكەل، دارچىنىدىن ئىككى يۈز ئەللىك شەكەل، ئىگىردىن ئىككى يۈز ئەللىك شەكەل،
[24] قوۋزاقدارچىنىدىن بەش يۈز شەكەل ئېلىپ (بۇ ئۆلچەملەر مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە بولسۇن) ۋە زەيتۇن مېيىدىنمۇ بىر ھىن تەييارلا؛ [25] بۇ دورا-دەرمەكلەر بىلەن مەسىھ قىلىش ئۈچۈن بىر مۇقەددەس ماي ــ ئەتىرچى چىقارغاندەك بىر خۇشبۇي ماي چىقارغۇزغىن. بۇ «مۇقەددەس مەسىھلەش مېيى» بولىدۇ.
[26] سەن ئۇنىڭ بىلەن جامائەت چېدىرىنى، ھۆكۈم-گۇۋاھلىقساندۇقىنى، [27] شىرە ۋە ئۇنىڭ بارلىق قاچا-قۇچىلىرىنى، چىراغدان ۋە ئۇنىڭ ئەسۋابلىرىنى، خۇشبۇيگاھنى، [28] كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھى ۋە ئۇنىڭ ئەسۋابلىرىنى، يۇيۇنۇش دېسى ۋە ئۇنىڭ تەگلىكىنى مەسىھلىگىن؛ [29] سەن شۇ تەرزدە ئۇلارنى «ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەر» قاتارىدا مۇقەددەس قىلغىن. ئۇلارغا تەگكەن ھەرقانداق نەرسىمۇ «مۇقەددەس» ھېسابلىنىدۇ.
[30] ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى بولسا ماڭا كاھىنلىق خىزمىتىنە بولۇشى ئۈچۈن مەسىھلەپ مۇقەددەس قىلغىن. [31] ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ مۇنداق ئېيتقىن: ــ بۇ ماي ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ماڭا ئاتالغان مۇقەددەس مەسىھلەش مېيى بولىدۇ.
[32] ئۇنى ئادەمنىڭ بەدىنىگە قۇيسا بولمايدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ياكى تەركىبى ئوخشىشىدىغان ھېچقانداق مايلارنى

23:30 **«500 شەكەل»** ــ تەخمىنەن 6 كىلوگرام.
24:30 **«بىر ھىن»** ــ تەخمىنەن 3.6 لىتر.
29:30 **«ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەر» ۋە «مۇقەددەس»** ــ مۇقەددەس چېدىردىكى بارلىق جابدۇقلار «ئەڭ مۇقەددەس» ۋە «مۇقەددەس» دەپ بۆلىنىدۇ. «ئەڭ مۇقەددەس» بولغانلارغا تەگكەنلەر شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالاھىدە «خۇدانىڭكى» دەپ ھېسابلىناتتى (29:30، «لاۋ.» 18:6، 27، «ئەز.» 20:46نىمۇ كۆرۈڭ).

ياسىماقلار. ئۇ مۇقەددەس بولغىنى ئۈچۈن سىلەرگىمۇ مۇقەددەس بولۇشى كېرەك. [33] كىمكى تەركىبى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ماي تەڭشىسە، ياكى ئۇنى ئېلىپ يات بىرسىگە سۈرسە، ئۇ ئۆز خەلقى ئارىسىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.

## خۇشبۇي ياساش ئۇسۇلى

[34] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ
سەن خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەر، يەنى خۇشبۇي يېلىم، دىڭىز قۇلۇلىسى مېيى، ئاق دېۋىرقاي ۋە ساپ مەستىكى تەييارلىغىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش مىقداردا بولسۇن؛ [35] خۇددى ئەتىرچى ماي چىقارغانغا ئوخشاش، ئۇلارنى تەڭشەپ خۇشبۇي ياسىغىن؛ ئۇ تۇزلانغان، ساپ ۋە مۇقەددەس پۇراقلىق ئەتىر بولىدۇ. [36] سەن ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ، تالقاندەك ئوبدان ئېزىپ، جامائەت چېدىرىدىكى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنىڭ ئۇدۇلىغا، يەنى مەن سىلەر بىلەن كۆرۈشىدىغان جايىنىڭ ئالدىغا قويغىن. بۇ سىلەرگە پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەر» قاتارىدا ھېسابلانسۇن.
[37] سىلەر ياسىغان بۇ خۇشبۇينىڭ رېتسېپى بىلەن ئۆزۈڭلارغىمۇ ئوخشاش بىر خۇشبۇينى ياسىۋالساڭلار بولمايدۇ. ئۇ ساڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا پەرۋەردىگارغا خاس قىلىنغان مۇقەددەس بولىدۇ. [38] كىمكى ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوخشاپ

---

30:32 «ئادەمنىڭ بەدىنىگە» ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئادەمنىڭ ئەتلىرىگە». «مۇقەددەس مەسىھلەش مېيى ئادەمنىڭ بەدىنىگە قۇيۇلسا بولمايدۇ» ــ بەزى ئالىملار بۇنى «كاھىنلاردىن باشقىلارغا قۇيسا بولمايدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن «زەبۇر» 2:132گە قارىغاندا، مەسىھلەش مېيى كاھىنلارنى مەسىھلەپ قۇيۇلغاندا ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تەگمەي، بەلكى باش كىيىمىدىن ئېقىپ ساقالدىن ئۆتۈپ كىيىم-كېچەكلىرىگە چۈشەتتى.
30:33 «كىمكى... يات بىرسىگە سۈرسە،...» ــ دېمەك، كاھىنلاردىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە. «ئۇ ئۆز خەلقى ئارىسىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» ــ 12:19دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
30:34 «دىڭىز قۇلۇلىسى مېيى» ــ ياكى «ئونىقا» ياكى نامەلۇم بىرخىل ئۆسۈملۈكنىڭ يېلىمى. «ئاق دېۋىرقاي» ــ ياكى «گالبانۇم». بۇنىڭ پۇرىقى ئاچچىق بولسىمۇ، دورىلارغا ئىلەشتۈرۈلگەندە ئۇلارنىڭ كۆيۈش ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ خۇش پۇراقلىق قىلىدۇ.

كېتىدىغان ھەرقانداق بىر خۇشبۇيىنى ياسىسا، ئۇ ئۆز خەلقى
ئارىسىدىن ئۈزۈپ تاشلانسۇن.

## ئىبادەت جايىنى ياسىغۇچى ئۇستىلارنىڭ تاللىنىشى

31 [1] پەرۋەردىگار خۇدا مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ
[2] مانا، مەن ئۆزۈم يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان خۇرنىڭ نەۋرىسى،
ئۇرىنىڭ ئوغلى بەزالەلنى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردىم؛ [3] ئۇنى خۇدانىڭ
روھى بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇنىڭغا دانالىق، ئەقىل-پاراسەت، ئىلىم-ھېكمەت
ئىگىلىتىپ، ئۇنى ھەرتۈرلۈك ئىشنى قىلىشقا قابىلىيەتلىك قىلىپ،
[4] تۈرلۈك-تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى قىلالايدىغان، يەنى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس
ئىشلىرىنى قىلالايدىغان، [5] ياقۇتلارنى كېسىپ-ئويالايدىغان، ئۇلارنى
زىننەت بۇيۇملىرىغا ئورنىتالايدىغان، ياغاچلارغا نەقىش چىقىرالايدىغان،
ھەرخىل ھۈنەر ئىشلىرىنى قاملاشتۇرالايدىغان قىلدىم.
[6] شۇنىڭدەك مانا، مەن يەنە دان قەبىلىسىدىن ئاھىساماقنىڭ
ئوغلى ئوھولىيابنى ئۇنىڭغا ياردەمچىلىككە تەيىنلىدىم، شۇنداقلا
مەن ساڭا بۇيرۇغان ھەممە نەرسىلەرنى ياسىسۇن دەپ، بارلىق پەم-
پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ ئەقىل-پاراسەت ئاتا
قىلدىم؛ [7] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جامائەت چېدىرىنى، ھۆكۈم-گۇۋاھلىق
ساندۇقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كەفارەت تەختىنى، چېدىرىنىڭ
ھەممە ئەسۋابلىرىنى، [8] شىرە بىلەن ئۇنىڭ قاچا-قۇچىلىرىنى،
ساپ ئالتۇندىن ياسالدىغان چىراغدان بىلەن ئۇنىڭ بارلىق
ئەسۋابلىرىنى، خۇشبۇيگاھنى، [9] كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھى
بىلەن ئۇنىڭ بارلىق ئەسۋابلىرىنى، يۇيۇش دېسى بىلەن ئۇنىڭ

2:31 **«ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردىم»** ــ مۇشۇ سۆزلەر خۇدانىڭ مەلۇم بىر كىشىنى مەلۇم مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن ئالاھىدە تاللاپ چاقىرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «يەش.» 3:45، 4نى كۆرۈڭ.
ــ«بەزالەل» ــ مەنىسى «خۇدانىڭ سايىسىدە» ياكى «خۇدانىڭ باشپاناھىدا».
**2:31** مىس. 30:35؛ 1تار. 20:2

تەگلىكىنى ياسىيالايدىغان، [10] خىزمەت كىيىملىرى، يەنى كاھىنلىق خىزمىتىدە كىيىلىدىغان، ھارۇن كاھىنىنىڭ مۇقەددەس كىيىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاھىنلىق كىيىملىرىنى توقۇيالايدىغان، [11] مەسىھلەش مېيى ۋە مۇقەددەس جايغا تەييارلىنىدىغان ئىسىل دورا-دەرمەكلەردىن خۇشبۇيىنى ياسىيالايدىغان بولدى. مەن ساڭا ئەمر قىلغىنىمنىڭ بويىچە ئۇلار بارلىق ئىشنى بەجا كەلتۈرىدۇ.

## شابات كۈنى، يەنى «دەم ئېلىش كۈنى»نى تۇتۇش كېرەك

[12] پەرۋەردىگار مۇساغا ئەمر قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ

[13] سەن ئىسرائىللارغا ئەمر قىلىپ ئۇلارغا: ــ «سىلەر مېنىڭ شابات كۈنلىرىمنى چوقۇم تۇتۇڭلار؛ چۈنكى بۇلار سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنى پاك-مۇقەددەس قىلغۇچىنىڭ مەن پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردىكى بىر نىشانە-بەلگە بولىدۇ. [14] شابات كۈنى سىلەرگە مۇقەددەس قىلىپ بېكىتىلگىنى ئۈچۈن، ئۇنى تۇتۇڭلار؛ كىمكى ئۇنى بۇزسا، ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلمىسا بولمايدۇ؛ بەرھەق، كىمكى ئۇ كۈنىدە ھەرقانداق ئىشنى قىلسا، ئۆز خەلقى ئارىسىدىن ئۈزۈپ تاشلانسۇن. [15] ئالتە كۈن ئىچىدە ئىش قىلىنسۇن؛ لېكىن يەتتىنچى كۈنى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان مۇقەددەس كۈن بولۇپ، ئارام ئالىدىغان شابات كۈنى بولىدۇ؛ كىمكى شابات كۈنىدە بىرەر ئىش قىلسا، ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلمىسا بولمايدۇ. [16] ئىسرائىللار شابات كۈنىنى تۇتۇشى كېرەك؛ ئۇلار ئەبەدىي ئەھدە سۈپىتىدە ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە تۇتسۇن. [17] بۇ مەن بىلەن ئىسرائىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەبەدىي بىر نىشانە-بەلگە بولىدۇ؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئالتە كۈن ئىچىدە ئاسمان بىلەن زېمىننى يارىتىپ، يەتتىنچى كۈنىدە ئارام ئېلىپ راھەت تاپقانىدى»، ــ دېگىن.

**14:31** مىس. 8:20؛ قان. 12:5؛ ئەز. 12:20

**17:31** يار. 1:31؛ 2:2، 3؛ مىس. 11:20

[18] خۇدا سىناي تېغىدا مۇساغا بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن،
ئىككى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق تاختىيىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. تاختايلار
تاشتىن بولۇپ، سۆزلەر خۇدانىڭ بارمىقى بىلەن ئۇلارغا پۈتۈلگەنىدى.

## ئالتۇن موزايغا چوقۇنۇش گۇناھى

32 [1] خەلق مۇسانىڭ تاغدىن چۈشمەي ھايال بولۇپ قالغىنىنى
كۆرۈپ، ھارۇننىڭ قېشىغا يىغىلىپ ئۇنىڭغا: ــ سەن قوپۇپ،
بىزگە ئالدىمىزدا يول باشلاپ ماڭىدىغان بىر ئىلاھ ياساپ بەرگىن!
چۈنكى بىزنى مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن مۇسا دېگەن
ھېلىقى كىشىگە نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز، ــ دېيىشتى.
[2] ھارۇن ئۇلارغا: ــ خوتۇنلىرىڭلار بىلەن ئوغۇل-قىزلىرىڭلارنىڭ
قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن زىرە ھالقىلارنى چىقىرىپ، مېنىڭ
قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل خەلق ئۆز قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن زىرە
ھالقىلارنى چىقىرىپ ھارۇننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. [4] ئۇ بۇلارنى
ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئىسكەنە بىلەن قۇيما بىر موزاينى
ياساتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ــ ئەي ئىسرائىل، سېنى مىسىر
زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن خۇدايىڭلار مانا بۇدۇر! ــ دېيىشتى.
[5] ھارۇن ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قۇربانگاھنى ياسىتىپ
ئاندىن: «ئەتە پەرۋەردىگار ئۈچۈن بىر ھېيت ئۆتكۈزۈلىدۇ»، دەپ
ئېلان قىلدى.
[6] ئەتىسى ئۇلار سەھەر قوپۇپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى سۇنۇپ،
ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنىمۇ كەلتۈردى؛ ئاندىن خالايىق ئولتۇرۇپ
يەپ-ئىچىشتى، قوپۇپ ئەيش-ئىشرەت قىلىشتى.

---

**18:31** مىس. 16:32
**1:32** روس. 40:7
**6:32** 1كور. 7:10

[7]شۇ چاغدا پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ ئورنۇڭدىن تۇر، تېزدىن پەسكە
چۈشكىن! چۈنكى سەن مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن
خەلقىڭ بۇزۇقچىلىققا بېرىلىپ كەتتى. [8]مەن ئۇلارغا بۇيرۇغان يولدىن
شۇنچە تېزلا چەتنەپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر قۇيما موزاينى ياساپ،
ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ قۇربانلىق كەلتۈرۈشتى ھەمدە: «ئەي ئىسرائىل،
سېنى مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن خۇدايىڭ مانا شۇدۇر!»،
دېيىشتى، ــ دېدى.
[9]ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ مانا، بۇ خەلقنى كۆرۈپ قويدۇم؛ مانا،
ئۇلار دەرۋەقە بوينى قاتتىق بىر خەلقتۇر. [10]ئەمدى مېنى توسما، مەن
غەزەپ ئوتۇمنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى يوقىتىۋېتىمەن؛
ئاندىن سېنى ئۇلۇغ بىر ئەل قىلىمەن، ــ دېدى.
[11]لېكىن مۇسا خۇداسى پەرۋەردىگاردىن ئۆتۈنۈپ ئىلتىجا قىلىپ
مۇنداق دېدى: ــ ئەي پەرۋەردىگار، نېمىشقا سەن غەزەپ ئوتۇڭنى
ئۆزۈڭ زور قۇدرەت ۋە كۈچلۈك قول بىلەن مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ
كەلگەن خەلقىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرىسەن؟ [12]مىسىرلىقلار مازاق
قىلىپ: ــ ئۇلارنىڭ بېشىغا بالا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى تاغلارنىڭ
ئۈستىدە ئۆلتۈرۈپ يەر يۈزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خۇداسى
ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى، ــ دېيىشسۇنمۇ؟ ئۆز ئوتلۇق غەزىپىڭدىن
يېنىپ، ئۆز خەلقىڭگە بالايىئاپەت كەلتۈرۈش نىيىتىڭدىن يانغايسەن!
[13]ئۆز قۇللىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ئىسرائىلنى ياد قىلغىن؛
سەن ئۇلارغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلىپ: «نەسلىڭلارنى ئاسماندىكى
يۇلتۇزلاردەك ئاۋۇتىمەن، ئۆزۈم ئۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلىگەن مۇشۇ
زېمىننىڭ ھەممىسىنى نەسلىڭلارغا بېرىمەن، ئۇلار ئۇنىڭغا مەڭگۈ

**7:32** قان. 5:32

**8:32** 1پاد. 28:12

**9:32** مىس. 3:33؛ قان. 9:6،13؛ يەش. 4:48؛ يەر. 3:5؛ ھوش. 16:4

**10:32** **«مېنى توسما»** ــ ياكى «مېنى قويۇپ بەر».

**11:32** زەب. 106:19-23

**12:32** چۆل. 14:13-19.

ئەگىدارچىلىق قىلىدىغان بولىدۇ» دېگەنىدىكەن، ــ دېدى.
[14] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنىڭ ئۈستىگە: «بالايىئاپەت
چۈشۈرىمەن» دېگەن نىيىتىدىن ياندى.
[15] مۇسا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىككى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق تاختىيىنى
قولىغا ئېلىپ تاغدىن چۈشتى. تاختايلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە
سۆزلەر پۈتۈلگەنىدى؛ ئۇ يۈزىگىمۇ، بۇ يۈزىگىمۇ پۈتۈكلۈك ئىدى. [16] بۇ
تاختايلار بولسا خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ياسىغىنى، پۈتۈلگەنلىرى بولسا
خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ پۈتكىنى ئىدى، ئۇ تاختايلارغا ئويۇلغانىدى.
[17] يەشۇئا خەلقنىڭ كۆتۈرگەن چۇقان-سۈرەنلىرىنى، ۋارقىراشلىرىنى
ئاڭلاپ مۇساغا: ــ چېدىرگاھدىن جەڭنىڭ خىتابى چىقىۋاتىدۇ، دېدى.
[18] لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋاز نە نۇسرەت تەنتەنىسى
ئەمەس، نە مەغلۇبىيەتنىڭ پەريادى ئەمەس، بەلكى ناخشا-كۈي
ساداسى! ــ دېدى.
[19] مۇسا چېدىرگاھغا يېقىن كېلىپ، موزايىنى ۋە جامائەتنىڭ
ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ شۇنداق دەرغەزەپ
بولدىكى، تاختايلارنى قولىدىن تاشلاپ تاغنىڭ تۈۋىدە چېقىۋەتتى.
[20] ئاندىن ئۇلار ياسىغان موزايىنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈپ، ئۇنى يانجىپ
كۇكۇم-تالقان قىلىپ، سۇ ئۈستىگە چېچىپ ئىسرائىللارنى ئىچىشكە
مەجبۇرلىدى.
[21] ئاندىن مۇسا ھارۇنغا: سەن ئۇلارنى شۇنچە ئېغىر گۇناھقا
پاتقۇزغۇدەك، مۇشۇ خەلق ساڭا نېمە قىلدى؟ ــ دېدى.
[22] ھارۇن جاۋاب بېرىپ: ــ خوجامنىڭ غەزەپ-ئاچچىقى تۇتاشمىغاي!
بۇ خەلقنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ زەرىللىككە مايىل

13:32 **«... ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ئىسرائىلنى ياد قىلغىن»** ــ ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، ياقۇپنىڭ ئىككىنچى ئىسمى «ئىسرائىل» ئىدى.
**13:32** يار. 7:12؛ 15:13؛ 18:15؛ 4:26؛ 13:28؛ قان. 4:34
**16:32** مىس. 18:31؛ قان. 10:9
**19:32** قان. 17:9
**20:32** قان. 21:9

ئېكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسەن. [23] ئۇلار ماڭا: ــ «بىزگە ئالدىمىزدا
يول باشلاپ ماڭىدىغان بىر ئىلاھنى ياساپ بەرگىن؛ چۈنكى بىزنى
مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن مۇسا دېگەن شۇ ئادەمگە نېمە
بولغىنىنى بىلمەيمىز»، دېدى. [24] مەن ئۇلارغا: «كىمدە ئالتۇن بولسا
شۇنى چىقىرىپ بەرسۇن» دېسەم، ئۇلار ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى؛ مەن ئۇنى
ئوتقا تاشلىۋىدىم، مانا، بۇ موزاي چىقتى، ــ دېدى.
[25] مۇسا خەلقنىڭ قانداقسىگە تىزگىنسىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى؛
چۈنكى ھارۇن ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا مەسخىرە ئوبيېكتى
بولۇشقا ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنىدى. [26] مۇسا چېدىرگاھنىڭ كىرىش
ئېغىزىغا بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ: ــ كىمكى پەرۋەردىگارنىڭ تەرىپىدە
بولسا مېنىڭ يېنىمغا كەلسۇن! ــ دېدى. شۇنى دېۋىدى، لاۋىيلارنىڭ
ھەممىسى ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلدى.
[27] ئۇ ئۇلارغا: ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«ھەربىر كىشى ئۆز قىلىچىنى يانپىشىغا ئېسىپ، چېدىرگاھنىڭ
ئىچىگە كىرىپ، بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگىچە كېزىپ يۈرۈپ، ھەربىرى
ئۆز قېرىندىشىنى، ئۆز دوست-بۇرادىرىنى، ئۆز قوشنىسىنى
ئۆلتۈرسۇن!» ــ دېدى.
[28] شۇنىڭ بىلەن لاۋىيلار مۇسانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش كۆردى؛ شۇ
كۈنى خەلقنىڭ ئىچىدىن ئۈچ مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى.
[29] ئاندىن مۇسا: ــ ھەربىرىڭلار بۈگۈن ئۆزۈڭلارنى پەرۋەردىگارغا
خاس بولۇشقا ئاتىدىڭلار؛ چۈنكى ھەربىرىڭلار ھەتتا ئۆز ئوغلۇڭلار
ھەم قېرىندىشىڭلارنىمۇ ئايىمىدىڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن
بەخت-بەرىكەتنى ئۈستۈڭلارغا چۈشۈردۈڭلار، دېدى.

22:32 1يۇھ. 19:5

24:32 **«چىقىرىپ بەرسۇن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۈزۈپ بەرسۇن».

27:32 **«بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگىچە»** ــ ئىبرانىي تىلدا «بۇ كىرىش ئېغىزىدىن ئۇ كىرىش ئېغىزىغا».

29:32 **«پەرۋەردىگارغا خاس بولۇشقا ئاتىدىڭلار»** ــ ئىبرانىي تىلدا «پەرۋەردىگار ئۈچۈن قوللىرىڭلارنى تولدۇرۇڭلار» ــ دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بېغىشلىدى.

[30] ئەتىسى مۇسا خەلققە سۆز قىلىپ: ــ سىلەر دەرۋەقە ناھايىتى ئېغىر
بىر گۇناھ سادىر قىلدىڭلار. ئەمدى مانا، مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا
چىقىمەن؛ گۇناھىڭلار ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرەلەيمەنمىكىن، ــ دېدى.
[31] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا يېنىپ بېرىپ: ــ ھەي...!
بۇ خەلق دەرۋەقە ئېغىر بىر گۇناھ سادىر قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئالتۇندىن
ئىلاھلارنى ياساپتۇ! [32] لېكىن ئەمدى سەن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ
قىلىشقا ئۇنىغايسەن...، ئۇنىمىساڭ، ئىسمىمنى ئۆزۈڭ يازغان
دەپتىرىڭدىن ئۆچۈرۈۋەتكىن! ــ دېدى.
[33] پەرۋەردىگار مۇساغا جاۋاب بېرىپ: ــ كىمكى مېنىڭ ئالدىمدا گۇناھ
قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆز دەپتىرىمدىن ئۆچۈرۈۋېتىمەن.
[34] ئەمدى سەن بېرىپ، مەن ساڭا ئېيتقان جايغا خەلقنى باشلاپ بارغىن.
مانا، مېنىڭ پەرىشتەم ئالدىڭدا ماڭىدۇ. لېكىن ئۇلارغا جازا بېرىدىغان
كۈنۈم كەلگەندە، ئۇلارغا گۇناھى ئۈچۈن جازا بېرىمەن، دېدى.
[35] بۇ سۆزدىن كېيىن پەرۋەردىگار خەلقنىڭ ھارۇننىڭ قولى بىلەن
موزاينى قۇيدۇرۇپ ياساتقىنى ئۈچۈن ئۇلارنى ۋابا بىلەن جازالىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنى سىناي تېغىدىن
## كېتىشكە بۇيرۇشى

33 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ،
ئۆزۈڭ مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ كەلگەن خەلق بىلەن بىللە
مۇشۇ يەردىن كېتىپ: «مەن سېنىڭ نەسلىڭگە ئۇنى بېرىمەن»
دەپ قەسەم قىلىپ ئىبراھىمغا، ئىسھاققا ۋە ياقۇپقا ۋەدە قىلغان
زېمىنغا بارغىن. [2] شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئالدىڭدا بىر پەرىشتە

---

**34:32 «ئۇلارغا جازا بېرىدىغان كۈنۈم»** ــ ئىبرانيي تىلدا «مەن ئۇلارنى يوقلىغان كۈندە».
«خۇدانىڭ يوقلىشى» ــ ئۇ يېقىن كېلىپ جازاسىنى چۈشۈرىدۇ ياكى بولمىسا بەخت-بەرىكىتىنى
كەلتۈرىدۇ. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.
**1:33** يار. 7:12؛ 4:26؛ 13:28

ئەۋتىي، قانائانىي، ئامورىي، ھىتتىي، پەرىززىيلەرنى، ھىۋىي بىلەن
يەبۇسىيلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ، [3] سىنى سۈت بىلەن ھەسەل ئېقىپ
تۇرىدىغان زېمىنغا كەلتۈرىمەن. چۈنكى سىلەر بويىنى قاتتىق بىر خەلق
بولغاچقا، يولدا سىلەرنى ھالاك قىلىۋەتمەسلىكىم ئۈچۈن، ئۆزۈم
سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولۇپ، شۇ زېمىنغا بىللە چىقمايمەن، ــ دېدى.
[4] خالايىق بۇ قاتتىق سۆزنى ئاڭلاپ، قايغۇغا چۆمۈپ ھېچقايسىسى
ئۆز زىبۇ-زىننەتلىرىنى تاقىمىدى. [5] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز
قىلىپ: ــ سەن بېرىپ ئىسرائىللارغا: «پەرۋەردىگار: ــ سىلەر بويىنى
قاتتىق بىر خەلق ئىكەنسىلەر؛ ئەگەر مەن پەرۋەردىگار ئاراڭلارغا چىقىپ
بىر دەقىقىلا تۇرسام، سىلەرنى يوقىتىۋەتكەن بولاتتىم. ئەمدى سىلەر
ئۆزۈڭلاردىكى زىبۇ-زىننەتلەرنى ئېلىۋېتىڭلار؛ شۇ چاغدا مەن سىلەرگە
نېمە قىلىدىغىنىمنى بىلىمەن، دېدى»، دەپ ئېيتقىن، ــ دېگەنىدى.
[6] شۇڭا ئىسرائىللار ھورەب تېغىدىن ئايرىلىپلا زىبۇ-زىننەتلىرىنى
ئۆزلىرىدىن ئېلىۋەتتى.

## «كۆرۈشۈش چېدىرى»

[7] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئۆز چېدىرىنى ئېلىپ، ئۇنى چېدىرگاھنىڭ
سىرتىدا، چېدىرگاھدىن نېرىراق بىر جايغا تىكىپ، ئۇنى «كۆرۈشۈش
چېدىرى» دەپ ئاتىدى. كىمكى پەرۋەردىگارنى ئىزدەپ، يول سورىماقچى

**2:33 «سېنىڭ ئالدىڭدا بىر پەرىشتە ئەۋەتىپ، ...»** ــ شۇبھىسىزكى، 34:32دە تىلغا ئېلىنغان پەرىشتە.

**3:33 «ئۆزۈم سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولۇپ، شۇ زېمىنغا بىللە چىقمايمەن»** ــ دېمەك، خۇدا ئۆزى «مۇقەددەس چېدىر»نى ماكان قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرماي، ئۇلار بىلەن بىللە بارمايدۇ، ئۆز ئورنىغا ئۇلار بىلەن بىللە بىرىشقا «ئۆز پەرىشتەم»نى ئەۋەتىدۇ. ئەمەلىيەتتە «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز ھۇزۇرىغا باراۋەر ئىدى؛ لېكىن مۇسا پەيغەمبەر ۋە خەلق بۇ نۇقتىنى تېخى چۈشەنمەيتتى (4-ئايەتنى كۆرۈڭ). 2:3-3، ئىزاھات ۋە «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**3:33** مىس. 9:32؛ قان. 13:9

**6:33 «شۇڭا ئىسرائىللار ... زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئۆزلىرىدىن ئېلىۋەتتى»** ــ ياكى «شۇنىڭ بىلەن، ئىسرائىللار ھورەب (سىناي) تېغىدىن ئايرىلغاندىن تارتىپ، زىننەت بۇيۇملارنى زادى تاقىمىدى».

بولسا چېدىرگاھنىڭ سىرتىدىكى «كۆرۈشۈش چېدىرى»غا باراتتى.
8 شۇنداق بولاتتىكى، ھەر قېتىم مۇسا چېدىرغا چىقسا، پۈتكۈل
خالايىق قوپۇپ، ھەربىرى ئۆز چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە ئۆرە تۇرۇپ، مۇسا
چېدىرغا كىرىپ بولغۇچە ئۇنىڭ كەينىدىن قارىشىپ تۇراتتى. 9 ئاندىن
مۇسا ھەر قېتىم چېدىرغا كىرىپ كەتسە شۇنداق بولاتتىكى، بۇلۇت
تۈۋرۈكى چۈشۈپ، چېدىرنىڭ كىرىش ئېغىزىدا توختايتتى؛ شۇنىڭ
بىلەن پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن سۆزلىشەتتى. 10 پۈتكۈل خالايىق بۇلۇت
تۈۋرۈكىنىڭ جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا توختىغىنىنى
كۆرەتتى؛ ئۇنى كۆرگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى قوپۇپ، ھەربىرى ئۆز
چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ سەجدە قىلىشاتتى.
11 شۇ چاغلاردا پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن كىشىلەر ئۆز دوست-بۇرادىرى بىلەن سۆزلەشكەندەك، يۈزمۇيۈز سۆزلىشەتتى. ئاندىن مۇسا چېدىرگاھقا يېنىپ كېلەتتى؛ لېكىن ئۇنىڭ خىزمەتكارى بولغان نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا دېگەن ياش يىگىت چېدىرنىڭ ئىچىدىن چىقمايتتى.

## مۇسانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپىنى كۆرۈشى

12 مۇسا پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدى: ــ مانا، سەن دائىم ماڭا: «بۇ خەلقنى ئېلىپ چىققىن» دەپ كەلدىڭ؛ لېكىن ئۆزۈڭ ماڭا: «مەن سېنى ئىسمىڭنى بىلىپ تونۇيمەن»، ۋە شۇنىڭدەك «نەزىرىم ئالدىدا

---

7:33 **«مۇسا ئۆز چېدىرىنى ئېلىپ، ...»** ــ ياكى «مۇسا چېدىرنى ئېلىپ، ...». بىزنىڭچە «مۇقەددەس چېدىر» تېخى ياسالمىغانىدى. **«كۆرۈشۈش چېدىرى»** ــ چوڭ مۇقەددەس چېدىر ياسالغاندىن كېيىن ئۇمۇ «كۆرۈشۈش چېدىرى» ياكى «جامائەت چېدىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. **«كىمكى پەرۋەردىگارنى ئىزدەپ، يول سورىماقچى بولسا چېدىرگاھنىڭ سىرتىدىكى «كۆرۈشۈش چېدىرى»غا باراتتى»** ــ خۇدانىڭ 3- ۋە 5-ئايەتتىكى سۆزىگە قارىغاندا، مۇسا: «خۇدا ئەمدى ئارىمىزدا، يەنى چېدىرگاھ ئوتتۇرىسىدىكى «مۇقەددەس چېدىر»دا تۇرماقچى ئەمەس؛ شۇڭا چېدىرنى ياسىغىنىمىز بىكار بولىدۇ، خۇدا ئۇنىڭدا بەربىر تۇرمايدۇ» ــ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. شۇڭا خۇدا بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئۇ چېدىرنىڭ ئورنىدا چېدىرگاھنىڭ سىرتىدا ئۆز چېدىرىنى تىككەن.

9:33 **«بۇلۇت تۈۋرۈكى چۈشۈپ، ... توختايتتى؛ شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن سۆزلىشەتتى»** ــ دېمەك، خۇدانىڭ ھۇزۇرى بۇلۇت تۈۋرۈكىدە تۇراتتى.

**ئىلتىپات تاپتىڭ» دېگەن بولساڭمۇ، سەن مېنىڭ بىلەن بىرگە كىمنى
ئەۋەتىدىغىنىڭنى ماڭا ئايان قىلمىدىڭ. [13] ئەگەر مەن راستتىنلا
نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام، ئۆزۈمنىڭ سېنى تونۇشۇم ئۈچۈن،
نەزىرىڭدە ئىلتىپات تېپىۋېرىشىم ئۈچۈن ماڭا ئۆز يولۇڭنى ئايان
قىلغايسەن؛ مانا، بۇ خەلقنىڭ ئۆز خەلقىڭ بولغىنىنى نەزىرىڭدە
تۇتقايسەن! ــ دېدى.
[14] ئۇ جاۋاب بېرىپ: مەن ئۆزۈم سەن بىللە بېرىپ، ساڭا ئارام ئاتا
قىلىمەن، ــ دېدى.
[15] مۇسا ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ بىز بىلەن بىللە
ماڭمىساڭ، بىزنى بۇ يەردىن چىقارمىغايسەن؛ [16] چۈنكى، مەن ۋە
خەلقىڭ نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقىنىمىز نېمىدىن بىلىنىدۇ؟
ئەجەبا، ئۆزۈڭنىڭ بىز بىلەن بىللە ماڭغىنىڭدىن بىلىنمەمدۇ؟ شۇ
سەۋەبتىن مەن ۋە خەلقىڭ يەر يۈزىدىكى ھەربىر تائىپىلەردىن ئالاھىدە
پەرقلەنمەمدۇق؟! ــ دېدى.
[17] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ مۇشۇ ئىلتىجايىڭنىمۇ ئىجابەت قىلىمەن؛
چۈنكى سەن نەزىرىمدە ئىلتىپات تاپتىڭ ۋە مەن سېنى ئىسمىڭنى
بىلىپ تونۇيمەن، دېدى.
[18] شۇنىڭ بىلەن مۇسا: ــ ئۆز شان-شەرىپىڭنى ماڭا كۆرسەتكەيسەن، ــ
دېدى.
[19] پەرۋەردىگار: ــ ئۆزۈمنىڭ پۈتكۈل مېھرىبانلىقىمنى سېنىڭ
كۆز ئالدىڭدىن ئۆتكۈزىمەن ۋە ئالدىڭدا «ياھۋەھ» دېگەن نامنى
جاكارلايمەن. كىمگە شاپائەت قىلماقچى بولسام شۇنىڭغا شاپائەت**

---

**12:33 «مەن سېنى ئىسمىڭنى بىلىپ تونۇيمەن»** ــ بۇ سۆزلەر خۇدانىڭ مەلۇم بىر كىشىنى (مۇشۇ يەردە مۇسانى) ئالاھىدە سۆيىدىغىنىنى ياكى تالللىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**14:33 «...مەن ساڭا ئارام ئاتا قىلىمەن»** ــ يۇقىرىدا، 10:32دە خۇدا مۇساغا: «مېنى توسما» (ئىبراني تىلىدا «ماڭا ئارام بەرگىن!» ياكى «مېنى قويغىن») دېگەنىدى؛ لېكىن ئۇ ھازىر مۇساغا «مەن ساڭا ئارام ئاتا قىلىمەن» دەيدۇ.

**16:33** قان. 7:4

**17:33 «...مەن سېنى ئىسمىڭنى بىلىپ تونۇيمەن»** ــ 12-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

كۆرسىتىمەن، كىمگە رەھىم-شەپقەت كۆرسەتمەكچى بولسام، شۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىمەن، دېدى.
[20] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ سەن يۈزۈمنى كۆرەلمەيسەن؛ چۈنكى ھېچ ئادەمزات مېنى كۆرسە تىرىك قالمايدۇ، دېدى.
[21] ئاندىن پەرۋەردىگار: ــ مانا، يېنىمدا بىر جاي باردۇر؛ سەن شۇ يەردىكى قورام تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغىن. [22] مېنىڭ شان-شەرىپىم ئۆتىدىغان ۋاقىتتا، شۇنداق بولىدۇكى، مەن سېنى شۇ قورام تاشنىڭ يېرىقىدا تۇرغۇزۇپ، مەن ئۆتۈپ بولغۇچە سېنى قولۇم بىلەن يېپىپ تۇرىمەن. [23] ئاندىن قولۇمنى تارتىۋالىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سەن مېنىڭ ئارقا تەرىپىمنى كۆرىسەن، لېكىن يۈزۈم كۆرۈنمەيدۇ، ــ دېدى.

## ھۆكۈم-گۇۋاھلىق تاختايلىرىنىڭ قايتا بېرىلىشى

34 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ سەن ئاۋۋالقىغا ئوخشاش ئۆزۈڭ ئۈچۈن تاشتىن ئىككى تاختاينى يونۇپ كەل؛ مەن بۇ تاختايلارغا سەن ئىلگىرى چېقىۋەتكەن تاختايلاردىكى سۆزلەرنى يېزىپ قويىمەن.
[2] سەن ئەتە ئەتىگەنگىچە تەييار بولۇپ، سەھەردە سىناي تېغىغا چىقىپ، شۇ يەردە تاغنىڭ چوققىسىدا مېنىڭ ئالدىمدا ھازىر بولغىن.
[3] لېكىن ھېچ كىشى سەن بىلەن بىللە چىقمىسۇن ۋە ياكى تاغنىڭ ھېچ يېرىدە باشقا ئادەم كۆرۈنمىسۇن، قوي-كالىلارمۇ تاغنىڭ تۈۋىدە ئوتلىمىسۇن، ــ دېدى.

---

19:33 **«ياھۋەھ»** ــ ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىنكى، «ياھۋەھ» خۇدانىڭ ئالاھىدە نامىدۇر، مەنىسى «مەڭگۈ بار بولغۇچى» دېگەندەك. بىز بۇ نامنى ئادەتتە «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلىمىز

**19:33** رىم. 15:9

23:33 «... **سەن مېنىڭ ئارقا تەرىپىمنى كۆرىسەن**» ــ «... سەن مېنىڭ كەينىمدە قالغان ئىزنالىرىمنى كۆرىسەن» دېگەندەك تەرجىملىرىمۇ ئۆچرىشى مۇمكىن. «**لېكىن يۈزۈم كۆرۈنمەيدۇ**» ــ ياكى «لېكىن يۈزۈمنىڭ كۆرۈلۈشى بولمايدۇ».

**1:34** قان. 1:10

**3:34** مىس. 13،12:19

4 مۇسا ئاۋۋالقىغا ئوخشاش تاشتىن ئىككى تاختاينى يونۇپ،
ئەتىسى تاڭ سەھەر قوپۇپ، بۇ ئىككى تاش تاختاينى قولىدا ئېلىپ،
پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە سىناي تېغىغا چىقتى.
5 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار بۇلۇتتا چۈشۈپ، شۇ يەردە مۇسانىڭ قېشىدا
تۇرۇپ، «ياھۋەھ» دېگەن نامىنى جاكارلىدى. 6 پەرۋەردىگار ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدىن ئۆتۈپ: ــ «پەرۋەردىگار، پەرۋەردىگار، رەھىمدىل ۋە مېھىر-
شەپقەتلىكتۇر، ئاسان غەزەپلەنمەيدىغان، شاپائەت بىلەن ۋاپاسى
كەڭ تەڭرىدۇر، 7 مىڭلىغان-ئون مىڭلىغانلارغا رەھىم-شاپائەت
كۆرسىتىپ، قەبىھلىك، ئاسىيلىق ۋە گۇناھنى كەچۈرگۈچىدۇر؛
لېكىن ئۇ گۇناھكارلارنى ھەرگىز گۇناھسىز دەپ قارىمايدىغان، بەلكى
ئاتىلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىگىچە،
شۇنداقلا ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەۋلادىغىچە يۈكلەيدىغان تەڭرىدۇر»
ــ دەپ جاكارلىدى.
8 شۇنىڭ بىلەن مۇسا دەرھال يەرگە باش قويۇپ سەجدە قىلىپ: ــ
9 ــ ئەي رەب، ئەگەر مەن راستتىنلا نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام،
ئۇنداقتا ئى رەب، ئارىمىزدا بىز بىلەن ماڭغايسەن؛ چۈنكى بۇ خەلق
دەرۋەقە بوينى قاتتىق بىر خەلقتۇر؛ بىزنىڭ قەبىھلىكىمىزنى ۋە
گۇناھىمىزنى كەچۈرگەيسەن، بىزنى ئۆز مىراسىڭ بولۇشقا قوبۇل
قىلغايسەن! ــ دېدى.

---

5:34 **«ياھۋەھ»** ــ 19:33 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

6:34 **«پەرۋەردىگار، پەرۋەردىگار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ياھۋەھ، ياھۋەھ». **«شاپائەت»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خەسەد» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (6:20 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ).

**6:34** مىس. 19:33

7:34 **«رەھىم-شاپائەت»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خەسەد» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (6:20 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ). **«ئاتىلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىگىچە، شۇنداقلا ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەۋلادىغىچە يۈكلەيدىغان»** ــ بۇ مۇھىم سۆز توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى (5:20، 7:34 توغرۇلۇق)، شۇنداقلا «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى (18-، 33-بابلار توغرۇلۇق) كۆرۈڭ.

**7:34** مىس. 6:20؛ چۆل. 18:14؛ قان. 10:5؛ زەب. 14:86؛ 8:103؛ 8:145؛ يەر. 18:32

**9:34** لاۋ. 38:25؛ زەب. 9:28؛ 12:33؛ زەك. 16:2

## يېڭىۋاشتىن ئەھدە تۈزۈش

[10]شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇساغا: ــ مانا، مەن بىر ئەھدە تۈزىمەن؛ سېنىڭ
بارلىق خەلقىڭ ئالدىدا پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ ھېچبىر جايىدا ياكى
ھېچبىر ئەل ئارىسىدا قىلىنىپ باقمىغان مۆجىزىلەرنى يارىتىمەن.
شۇنىڭ بىلەن سەن ئارىسىدا بولغان خەلقىڭنىڭ ھەممىسى
پەرۋەردىگارنىڭ كارامەت ئەمەلىنى كۆرىدۇ؛ چۈنكى مېنىڭ سىلەرگە
قىلىدىغان ئەمەلىم دەرۋەقە دەھشەتلىك ئىش بولىدۇ. [11]مەن
بۈگۈن ساڭا تاپىلايدىغان ئەمرلىرىمنى تۇتقىن؛ مانا، مەن سىلەرنىڭ
ئالدىڭلاردىن ئامورىي، قانائانىي، ھىتتىي، پەرىززىي، ھىۋىي ۋە
يەبۇسىيلارنى ھەيدەپ چىقىرىمەن. [12]ئەمدى ھېزى بولغىنىكى، سەن
بارىدىغان زېمىندا تۇرۇۋاتقانلار بىلەن ھېچ ئەھدە باغلاشمىغىن؛
بولمىسا، بۇ ئىش سىلەرگە تۇزاق بولىدۇ؛ [13]بەلكى سىلەر ئۇلارنىڭ
قۇربانگاھلىرىنى چۇۋۇپ، بۇت تۈۋرۈكلىرىنى سۇندۇرۇپ، «ئاشەراھ»
بۇتلىرىنى كېسىپ تاشلاڭلار. [14]چۈنكى سەن ھېچقانداق باشقا ئىلاھقا
ئىبادەت قىلماسلىقىڭ كېرەك ــ چۈنكى مەنكى پەرۋەردىگارنىڭ نامى
«ۋاپاسىزلىققا ھەسەت قىلغۇچى» بولۇپ، ھەسەت قىلغۇچى بىر ئىلا
ھدۇرمەن. [15]بولمىسا، شۇ زېمىندا تۇرۇۋاتقانلار بىلەن ئەھدە تۈزۈشۈڭ
مۇمكىن؛ ئاندىن ئۇلار ئىلاھلىرىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ بۇزۇقچىلىق
قىلىپ، ئىلاھلىرىغا قۇربانلىقلار ئۆتكۈزگىنىدە، سىلەرنى چاقىرسا
ئۇلارنىڭ قۇربانلىقلىرىدىن يەپ كېتىشىڭلار مۇمكىن؛ [16]سەن
شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئوغۇللىرىڭغا خوتۇنلۇققا ئېلىپ
بېرىشىڭ مۇمكىن؛ ئۇ قىزلار ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ

---

**10:34 «مېنىڭ سىلەرگە قىلىدىغان ئەمەلىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مېنىڭ ساڭا قىلىدىغان ئەمەلىم».

**10:34** قان. 2:5؛ يە. 13،12:10

**12:34** مىس. 32:23؛ چۆل. 51:33؛ قان. 2:7

**13:34 «ئاشەراھ بۇتلىرى»** ــ بەلكىم بۇتپەرەسلىكتە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم ئايال بۇت شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

**14:34** مىس. 5:20

بۇزۇقچىلىق قىلغىنىدا، ئۇلار ئوغۇللىرىڭنىمۇ ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ
ئارقىسىدىن ماڭغۇزۇپ، بۇزۇقچىلىق قىلدۇرۇشى مۇمكىن.
17 ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھېچقانداق قۇيما بۇتلارنى ياساتمىغىن.
18 پېتىر نان ھېيتىنى تۇتۇڭلار؛ مېنىڭ ئەمر قىلغىنىمدەك ئابىب
ئېيىدا، بېكىتىلگەن ۋاقىتتا يەتتە كۈن پېتىر نان يەڭلار. چۈنكى
سىلەر ئابىب ئېيىدا مىسىردىن چىققانسىلەر.
19 بالىياتقۇنىڭ تۇنجى مېۋىسى مېنىڭكى بولىدۇ؛ چارپاي ماللىرىڭنىڭ
ئىچىدىن دەسلەپ تۇغۇلغان ئەركەكلەر، كالا بولسۇن، قوي بولسۇن
ئۇلارنىڭ تۇنجىلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭكى بولسۇن.
20 لېكىن ئېشەكلەرنىڭ تۇنجى تەخەيلىرىنىڭ ئورنىغا قوزا بىلەن
بەدەل تۆلىشىڭ لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئورنىغا قوزا بەرمىسەڭ، تەخەينىڭ
بوينىنى سۇندۇرۇۋەتكىن. تۇنجى ئوغۇللىرىڭنى بولسا، ئۇلارغا بەدەل
تۆلەپ قايتۇرۇۋال. ھېچكىم مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا قۇرۇق قول كەلمىسۇن.
21 سەن ئالتە كۈن ئىچىدە ئىش-ئەمەلىڭنى قىلىپ، يەتتىنچى كۈنى ئارام
ئېلىشىڭ زۆرۈر؛ يەر ھەيدەش ۋاقتى بولسۇن، ئورما ۋاقتى بولسۇن، ئارام
ئېلىشىڭ زۆرۈر.
22 يېڭى بۇغدايىڭ تۇنجى ھوسۇلىنى تەبرىكلەيدىغان «ھەپتىلەر
ھېيتى»نى ئۆتكۈزۈڭلار؛ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «ھوسۇل يىغىش
ھېيتى»نى ئۆتكۈزۈڭلار.

---

**16:34** 1پاد. 2:11

**18:34** مىس. 15:12؛ 15:23

**19:34** مىس. 2:13؛ 29:22؛ ئەز. 30:44

20:34 **«... تۇنجى تەخەيلىرىنىڭ ئورنىغا قوزا بىلەن بەدەل تۆلىشىڭ لازىم بولىدۇ»** — دېمەك، قوزا تەخەينىڭ ئورنىغا قۇربانلىق قىلىنىدۇ.

**20:34** مىس. 13:13؛ 15:23؛ قان. 16:16

**21:34** مىس. 9:20

22:34 **«يىلىنىڭ ئاخىرىدا»** — ئىبرانيي تىلىدا «يىلىنىڭ ئۆزگىرىشىدە» — يەنى كۈزدە. **«ھوسۇل يىغىش ھېيتى»** — مۇشۇ ھوسۇل بولسا مېۋە-چېۋىلەرنىڭكىدۇر. ئىبرانىيلار ئىشلەتكەن كالېندار بويىچە، ھېيت يەتتىنچى ئايدا، بەزى يىللىرىدا سېنتەبىردە، بەزى يىللاردا ئۆكتەبىردە بولاتتى.

**22:34** مىس. 16:23

23 سىلەرنىڭ ھەربىر ئەركەك كىشىلىرىڭلار يىلدا ئۈچ قېتىم
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان رەب پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا
ھازىر بولسۇن. 24 چۈنكى مەن تائىپىلەرنى ئالدىڭلاردىن
ھەيدىۋېتىپ، چېگرالىرىڭنى كېڭەيتىمەن؛ شۇنىڭدەك سەن
يىلدا ئۈچ قېتىم پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئالدىغا ھازىر
بولۇشقا چىقىپ بارساڭ، ھېچكىم يېرىڭگە كۆز قىرىنى
سالمايدۇ.
25 ماڭا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىقنىڭ قېنىنى بولدۇرۇلغان نان
بىلەن بىللە سۇنمىغىن؛ ياكى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ
قۇربانلىقىنىڭ گۆشىنى ئەتىگە قالدۇرما.
26 زېمىنىڭنىڭ دەسلەپكى ھوسۇلىدىن تۇنجى مەھسۇلاتلارنى
پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئۆيىگە كەلتۈرۈپ ئاتا.
ئوغلاقنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە قاينىتىپ پىشۇرما.
27 پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ بۇ سۆزلەرنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن يېزىۋالغىن؛
چۈنكى مەن مۇشۇ سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ سەن بىلەن ۋە
ئىسرائىل بىلەن ئەھدە باغلىدىم، دېدى.

28 ئۇ ۋاقىتتا مۇسا شۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا قىرىق
كېچە-كۈندۈز تۇردى؛ ئۇ ھېچنەرسە يېمىدى، ھېچ سۇ ئىچمىدى.

**23:34** مىس. 17:23؛ قان. 16:16

**25:34 «ماڭا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىقنىڭ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مېنىڭ قۇربانلىقىمنىڭ...». مۇشۇ يەردە بۇ سۆز بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ ھېيتتىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى ياكى ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. «مېنىڭ قۇربانلىقىمنىڭ قېنى» بولسا مەزكۇر ھېيتلاردا قۇربانگاھ ئۈستىگە تۆكۈلىدىغان قانلارنى كۆرسىتىدۇ.

**25:34** مىس. 18:23

26:34 **«ئوغلاقنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە قاينىتىپ پىشۇرما»** ــ بۇ ئەمر بەلكىم ئەتراپتىكى بۇتپەرەس خەلقلەرنىڭ مەلۇم ئۆرپ-ئادىتىگە ئەگەشمەسلىك كېرەكلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ توغرۇلۇق يەنە «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ

**26:34** مىس. 19:23؛ لاۋ. 27:22؛ قان. 21:14

ئۇ يەردە پەرۋەردىگار تاختايلارغا ئەھدىنىڭ سۆزلىرى بولغان ئون ئەمرنى پۈتتى.

## مۇسانىڭ يۈزىنىڭ پارقىراپ تۇرۇشى

[29] مۇسا سىناي تېغىدىن چۈشكەندە شۇنداق بولدىكى (ئۇ تاغدىن چۈشكەندە ئىككى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق تاختىيى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى)، ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلەشكىنى ئۈچۈن يۈزىنىڭ پارقىراپ كەتكىنىنى بىلمەيتتى. [30] ئەمدى ھارۇن ۋە بارلىق ئىسرائىللار مۇسانى كۆردى، مانا، ئۇنىڭ يۈز تېرىسى پارقىراپ تۇراتتى؛ ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىن بېرىشتىن قورقۇشتى.
[31] لېكىن مۇسا ئۇلارنى چاقىرىۋىدى، ھارۇن ۋە جامائەتنىڭ بارلىق باشلىرى يېنىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى؛ مۇسا ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى.
[32] شۇنىڭدىن كېيىن، بارلىق ئىسرائىللار ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى؛ ئۇ ۋاقىتتا مۇسا پەرۋەردىگار ئۆزىگە سىناي تېغىدا سۆز قىلغىنىدا تاپشۇرغان بارلىق ئەمرلەرنى ئۇلارغا تاپىلىدى. [33] مۇسا ئۇلارغا دەيدىغىنىنى دەپ تۈگەتتى. ئۇ سۆزلىگەندە يۈزىگە بىر چۈمپەردە تارتىۋالغانىدى؛ [34] قاچانكى مۇسا پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلىشىشكە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرسە، چۈمپەردىنى ئېلىۋېتەتتى، تاكى ئۇ يېنىپ چىققۇچە شۇنداق بولاتتى؛ يېنىپ چىققاندا ئۆزىگە نېمە تاپىلانغان بولسا، شۇنى ئىسرائىللارغا ئېيتىپ بېرەتتى. [35] ئىسرائىللار مۇسانىڭ

---

28:34 «ئۇ ھېچنەرسە يېمىدى» — ئىبرانىي تىلىدا «ھېچ ناننى يېمىدى». «ئۇ يەردە پەرۋەردىگار تاختايلارغا ئەھدىنىڭ سۆزلىرى بولغان ئون ئەمرنى پۈتتى» — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ يەردە ئۇ تاختايلارغا ئەھدىنىڭ سۆزلىرى بولغان ئون ئەمرنى پۈتتى». بەزىلەر: «ئۇ» مۇسانى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ، بىراق «قان.» 10:2-4-تىن ئېنىق كۆرۈنىدۇكى، بۇ سۆزلەرنى پۈتكۈچى خۇدا ئۆزىدۇر.

28:34 مىس. 18:24؛ 18:31؛ 1:34؛ قان. 13:4؛ 18،9:9

29:34 2كور. 7:3

33:34 «ئۇ سۆزلىگەندە يۈزىگە بىر چۈمپەردە تارتىۋالغانىدى» — ياكى «ئۇ (مۇسا) ئۇلارغا سۆزلەپ بولغاندا يۈزىگە نىقاب تارتىۋالدى».

33:34 2كور. 13،7:3

يۇز تېرىسىنىڭ پارقىراپ تۇرغىنىنى كۆرەتتى؛ شۇڭا مۇسا يەنە تاكى
پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلەشكىلى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈچە يۈزىگە
چۈمپەردە تارتىۋالاتتى.

## شابات كۈنى، يەنى «ئارام ئېلىش كۈنى»نىڭ بەلگىلىملىرى

35 [1] مۇسا ئىسرائىللارنىڭ پۈتكۈل جامائىتىنى يىغىپ ئۇلارغا:
ــ پەرۋەردىگار سىلەرگە قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمرلەر
مۇنۇلاردۇر: ــ
[2] ئالتە كۈن ئىش-ئەمگەك كۈنى بولسۇن؛ لېكىن يەتتىنچى كۈنى
سىلەرگە نىسبەتەن مۇقەددەس بىر كۈن بولۇپ، پەرۋەردىگارغا ئاتالغان
ئارام ئالىدىغان شابات كۈنى بولسۇن. ھەركىم شۇ كۈندە ئىش-
ئەمگەك قىلسا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن. [3] شابات كۈندە بارلىق
تۇرالغۇلىرىڭلاردا ھەرگىز ئوت قالىماڭلار، ــ دېدى.

## ئىبادەت جايى ئۈچۈن ھەدىيە سۇنۇش

[4] مۇسا ئىسرائىللارنىڭ پۈتكۈل جامائىتىگە سۆز قىلىپ مۇنداق
دېدى: ــ «پەرۋەردىگار بۇيرۇغان ئەمر مانا شۇكى: ــ
[5] ئۆزۈڭلارنىڭ ئاراڭلاردىن پەرۋەردىگارغا بىر «كۆتۈرمە ھەدىيە»
كەلتۈرۈڭلار؛ كۆڭلى خالىغانلارنىڭ ھەربىرى پەرۋەردىگارغا بىر
«كۆتۈرمە ھەدىيە»سىنى كەلتۈرسۇن: يەنى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس،
[6] كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپ، ئاق كاناپ رەخت، ئۆچكە تىۋىتى، [7] قىزىل
بويالغان قوچقار تېرىسى، دېلفىن تېرىسى، ئاكاتسىيە ياغىچى،

**1:35** مس. 32:34.
**2:35** مس. 8:20؛ 15:31؛ لاۋ. 3:23؛ قان. 12:5؛ لۇقا 14:13
**3:35** مس. 23:16
**5:35** مس. 2:25
**6:35** مس. 4:25
**7:35** مس. 5:25

[8] چىراغدان ئۈچۈن زەيتۇن مېيى، «مەسىھلەش مېيى» بىلەن خۇشبۇي ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىسىل دورا-دەرمەكلەر، [9] ئەفودقا ھەم قوشىنىغا ئورنىتىلىدىغان ھېقىق ۋە باشقا ياقۇتلارنى كەلتۈرۈڭلار».

## ئىبادەت چېدىرىنىڭ ماتېرىيال-ئۈسكۈنلىرىنى ياساش

[10] ــ «ئاراڭلاردىكى بارلىق ماھىر ئۇستىلار كېلىپ پەرۋەردىگار بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىنى ياساپ بەرسۇن: [11] ــ مۇقەددەس چېدىر بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى يوپۇقلىرىنى، ئىلغۇلىرىنى، تاختايلىرىنى، بالداقلىرىنى، خادىلىرىنى ۋە بۇلارنىڭ تەگلىكلىرىنى، [12] ئەھدە ساندۇقى ۋە ئۇنىڭ بالداقلىرىنى، «كەفارەت تەختى»نى، «ئايرىما پەردە-يوپۇق»نى، [13] شىرە ۋە ئۇنىڭ بالداقلىرىنى، ئۇنىڭ بارلىق قاچا-قۇچىلىرىنى ۋە «تەقدىم نانلىرى»نى، [14] يورۇقلۇق ئۈچۈن ياسالغان چىراغدان ۋە ئۇنىڭ ئەسۋابلىرىنى، ئۇنىڭ چىراغلىرى ۋە چىراغ مېيىنى، [15] خۇشبۇيگاھ ۋە ئۇنىڭ بالداقلىرىنى، «مەسىھلەش مېيى»نى، دورا-دەرمەكلەردىن ئىشلەنگەن خۇشبۇينى، مۇقەددەس چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى «ئىشىك پەردىسى»نى، [16] كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھى ۋە ئۇنىڭ مىس شالاسىنى، بالداقلىرىنى ۋە بارلىق ئەسۋابلىرىنى، يۇيۇنۇش دىسى ۋە ئۇنىڭ تەگلىكىنى، [17] ھويلىنىڭ پەردىلىرىنى، ئۇنىڭ خادىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەگلىكلىرىنى، ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى پەردىنى، [18] چېدىرنىڭ مىخ-قوزۇقلىرىنى، ھويلىنىڭ مىخ-قوزۇقلىرىنى،

**8:35** مىس. 6:25

**9:35** مىس. 7:25؛ 17:28، 20

**10:35** **«ماھىر ئۇستىلار»** ــ ئىبرانىي تىلدا «كۆڭلى دانالار».

**11:35** مىس. 26:26

**13:35** مىس. 23:25، 30

**15:35** مىس. 36:26؛ 1:30؛ 11:31

**16:35** مىس. 4:27؛ 18:30

**17:35** مىس. 9:27، 16

شۇنداقلا بارلىق تاناپلىرىنى، [19] تۇتقۇزۇلىدىغان كىيىملەر، يەنى مۇقەددەس جايىنىڭ خىزمىتىگە كاھىنلىق خىزمىتىدە كىيىلىدىغان، ھارۇن كاھىنىنىڭ مۇقەددەس كىيىملىرىنى ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كىيىملىرىنى تەييار قىلسۇن».

## خەلقنىڭ «كۆتۈرمە ھەدىيە»سى

[20] شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى مۇسانىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىشتى. [21] ئاندىن كۆڭلى تارتقانلارنىڭ ھەربىرى، روھى ئۆزلىرىگە تۈرتكە بولغانلارنىڭ ھەربىرى كېلىپ، جامائەت چېدىرىنى ياساشقا، شۇنداقلا چېدىرنىڭ خىزمىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بارلىق سەرەمجانلارنى ياساشقا ۋە مۇقەددەس كىيىملەرنى تىكىشكە پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «پۇلاڭلاتما ھەدىيە»نى كەلتۈرگىلى تۇردى. [22] ئۇلار ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ كېلىپ، سۆيۈنۈشقا كۆڭلى خۇش بولغانلارنىڭ ھەربىرى ھەدىيە كەلتۈرۈپ، بۇلاپكا، زىرە-ھالقا، ئۈزۈك، زۇننار-بىلەزۈك قاتارلىق ھەرخىل ئالتۇن بۇيۇملارنى ئېلىپ كەلدى؛ ئالتۇننى «كۆتۈرمە ھەدىيە» قىلىپ بېرەي دېگەنلەرنىڭ ھەربىرى ئۇنى پەرۋەردىگارغا سۇندى. [23] كىمدە كۆك، سۆسۈن، قىزىل يىپ بىلەن ئاق كاناپ رەخت، ئۆچكە تىۋىتى، قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسى ۋە دېلفىن تېرىسى بولسا، شۇلارنى ئېلىپ كېلىشتى. [24] كۈمۈش يا مىستىن كۆتۈرمە ھەدىيە كەلتۈرەي دېگەنلەرنىڭ ھەربىرى شۇنى پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلىپ سۇندى. كىمدە چېدىرنىڭ خىزمىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل سەرەمجانلارغا يارىغۇدەك ئاكاتسىيە ياغىچى بولسا، ئۇنى ئېلىپ كەلدى.

---

**18:35** مىس. 19:27.

**19:35** **«تۇتقۇزۇلىدىغان كىيىملەر»** — ياكى «كاھىنلىق خىزمەت كىيىملىرى».

**19:35** مىس. 28؛ 10:31

22:35 **«ئۇلار ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ كېلىپ،...»** — ياكى «ئەر كىشىلەر ئايال كىشىلەرگە ئەگىشىپ،...».

[25] قولى چېۋەر ئاياللارنىڭ ھەربىرى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېگىرىپ، شۇ
ئېگىرگەن يىپ ۋە رەختلەرنى، يەنى كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپ بىلەن
ئاق كاناپ رەختلەرنى كەلتۈردى، [26] شۇنىڭدەك كۆڭلى قوزغالغان
ئاياللارنىڭ ھەممىسى ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ ئۆچكە تىۋىتىدىن يىپ
ئېگىرىشتى.
[27] ئەمىرلەر ئەفود ۋە قوشېنغا ئورنىتىلىدىغان ھېقىقلار ۋە ياقۇتلارنى،
[28] دورا-دەرمەكلەرنى، چىراغقا ۋە مەسھەلەش مېيىغا ئىشلىتىلىدىغان
زەيتۇن مېيىنى، خۇشبۇيغا ئىشلىتىلىدىغان ئىسىل دورا-
دەرمەكلەرنى كەلتۈردى. [29] شۇ تەرىقىدە ئىسرائىللار پەرۋەردىگار
مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەرقايسىغا بىر
نەرسە بېرىشكە كۆڭلى تارتقان بولسا، ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن
ھەربىرى شۇنى ئېلىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئىختىيارىي
ھەدىيە بەردى.

## ئىبادەت چېدىرىنى ياسىغۇچى ھۈنەرۋەنلەر

[30] ئاندىن مۇسا ئىسرائىللارغا مۇنداق دېدى: ــ
«مانا، پەرۋەردىگار يەھۇدا قەبىلىسىدىن خۇرنىڭ نەۋرىسى، ئۇرىنىڭ
ئوغلى بەزالەلنى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىپ، [31] ئۇنى خۇدانىڭ روھى
بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇنىڭغا دانالىق، ئەقىل-پاراسەت، ئىلىم-ھېكمەت
ئىگىلىتىپ، ئۇنى ھەرتۈرلۈك ئىشنى قىلىشقا قابىلىيەتلىك
قىلىپ، [32] ئۇنى تۈرلۈك-تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى قىلالايدىغان ــ ئالتۇن،

**25:35 «قولى چېۋەر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۆڭلى دانا».

**25:35** پەند. 19:31

**28:35** مىس. 6:25

**30:35 «ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىپ،...»** ــ بۇ سۆزلەر خۇدانىڭ مەلۇم بىر كىشىنى مەلۇم مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن ئالاھىدە تاللاپ چاقىرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «يەش.» 3:45، 4نى كۆرۈڭ.
ــ«بەزالەل» ــ مەنىسى «خۇدانىڭ سايىسىدە» ياكى «خۇدانىڭ باشپاناھىدا».

**30:35** مىس. 2:31

**31:35** مىس. 3:31

كۆمۈش ۋە مىس ئىشلىرىنى قىلالايدىغان، [33] ياقۇتلارنى كېسىپ-ئويالايدىغان، زىننەت بۇيۇملىرىغا ئورنىتالايدىغان، ياغاچلارغا نەقىش چېقىرالايدىغان، ھەرخىل ھۈنەر ئىشلىرىنى قاملاشتۇرالايدىغان قىلدى. [34] ئۇ يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىگە، شۇنىڭدەك ھەم دان قەبىلىسىدىن بولغان ئاھىساماقنىڭ ئوغلى ئوھولىيابنىڭ كۆڭلىگە باشقىلارغا ھۈنەر ئۆگىتىش نىيەت-ئىستىكىنى سېلىپ، [35] ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى دانالىق-ھېكمەت بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇلارنى ھەرخىل نەققاشلىق-ئويمىچىلىق ئىشلىرىغا ماھىر قىلىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپ بىلەن ئاق كاناپ رەخت بىلەن كەشتىچىلىك قىلىشقا ھەمدە باپكارلىققا ئىقتىدارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرخىل ھۈنەر ئىشلىرىنىڭ ۋە ھەرخىل لايىھىلەش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولدى.

36 [1] شۇنىڭ بىلەن بەزالەل ۋە ئوھولىيابلار، شۇنىڭدەك پەرۋەردىگار مۇقەددەس چېدىر ياساشنىڭ ھەرخىل ئىشلىرىغا كېرەك بولغان دانالىق-ھېكمەت ۋە ئەقىل-پاراسەتنى ئاتا قىلغان ماھىر ئۇستىلارنىڭ ھەربىرى ئۇلارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ».

## خەلقنىڭ ھەدىيەلىرى

[2] شۇ ۋاقىتتا مۇسا بەزالەل ۋە ئوھولىيابنى، شۇنداقلا پەرۋەردىگار دانالىق-ھېكمەت بىلەن كۆڭۈللىرىنى تولدۇرغان، كۆڭلى ئۆزىنى شۇ ئىشنى قىلىشقا قاتنىشىشقا دالالەت قىلغان بارلىق ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنى چاقىرىپ يىغدى. [3] ئۇلار كېلىپ مۇقەددەس چېدىرنى ياساشقا،

32:35 مىس. 4:31
33:35 مىس. 5:31
35:35 مىس. 1:26

شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىش-خىزمەتلىرىگە كېرەكلىك سەرەمجانلارنى ياساشقا ئىسرائىللار ئېلىپ كەلتۈرگەن بارلىق «كۆتۈرمە ھەدىيە»لەرنى مۇسادىن تاپشۇرۇۋالدى. ئىسرائىل خەلقى يەنىلا ئۆز مەيلى بىلەن ھەر كۈنى ئەتىگىنى مۇساغا ئىختىيارىي ھەدىيە كەلتۈرۈپ تۇراتتى.[4] ئاندىن مۇقەددەس چېدىرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى قولىدىكى ئىشنى قويۇپ كېلىپ،[5] مۇساغا: ــ خەلقنىڭ ئېلىپ كەلگىنى پەرۋەردىگار بىزگە قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشنى پۈتكۈزۈشكە ئېھتىياج بولغىنىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى! ــ دېيىشتى.

[6] ئاندىن مۇسا ئەمر قىلىپ، پۈتكۈل چېدىرگاھ بويىچە: «مانا، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھېچكىم مۇقەددەس چېدىرنى ياساش ئۈچۈن «كۆتۈرمە ھەدىيە» سۈپىتىدە يەنە ھېچقانداق نەرسە تەييارلاپ كەلمىسۇن!» دەپ جاكارلاتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ھەدىيەلەر كەلتۈرۈشتىن توختىتىلدى. [7] چۈنكى ئۇلار تەييارلىغان ماتېرىياللار پۈتكۈل قۇرۇلۇش ئىشىغا يېتەتتى، ھەتتا ئېشىپ قالاتتى.

## ئىبادەت چېدىرىنىڭ ياسىلىشى

[8] مۇقەددەس چېدىرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشىنى قىلىشقان ئۇستىلارنىڭ ھەربىرى نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختكە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەن ئون پارچە يوپۇق ياساپ، كېرۇبلارنىڭ سۈرىتىنى يوپۇقلارغا چېۋەرلىك بىلەن لايىھەلەپ نەپىس قىلىپ كەشتىلەپ چىقتى. [9] ھەربىر يوپۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە سەككىز گەز، كەڭلىكى تۆت گەز بولۇپ، ھەربىر يوپۇق ئوخشاش چوڭ-كىچىكلىكتە قىلىندى. [10] بەزالەل يوپۇقلارنىڭ بەشىنى بىر-بىرىگە ئۇلىدى، قالغان بەش يوپۇقنىمۇ ھەم بىر-بىرىگە ئۇلىدى. [11] ئۇ ئۇلاپ چىقىلغان بىرىنچى چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قىسمىنىڭ بىر تەرىپىگە رەڭگى كۆك ئىزمىلەرنى قادىدى، شۇنىڭدەك ئۇلاپ چىقىلغان ئىككىنچى چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكىسىنىڭ بىر تەرىپىگىمۇ

9:36 مىس. 2:26

شۇنداق قىلدى. [12] بىرىنچى چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى
قىسمىغا ئەللىك ئىزمە قادىدى، ئىككىنچى چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ
چېتىدىكىسىگىمۇ ئەللىك ئىزمە قادىدى. ئىزمىلەر بىر-بىرىگە
ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىلىندى. [13] مۇقەددەس چېدىر بىر پۈتۈن بولسۇن
ئۈچۈن ئۇ ئالتۇندىن ئەللىك ئىلغۇ ياساپ، ئىككى پارچە يوپۇقنى
شۇ ئىلغۇلار بىلەن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇردى.
[14] ئۇ مۇقەددەس چېدىرنى يېپىش ئۈچۈن ئۆچكە تىۋىتىدىن
يوپۇقلارنى ياسىدى؛ يوپۇقتىن ئون بىر پارچە ياسىدى.
[15] يوپۇقلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز گەز، كەڭلىكى
تۆت گەز بولۇپ، ئون بىر يوپۇقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش چوڭ-
كىچىكلىكتە قىلىندى. [16] يوپۇقلارنىڭ بەشىنى ئۇ ئۇلاپ بىر
قىلىپ، قالغان ئالتە يوپۇقنىمۇ ئۇلاپ بىر قىلدى. [17] ئۇ بىرىنچى
ئۇلاپ چىقىلغان چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قىسمىغا
ئەللىك ئىزمە، ئىككىنچى ئۇلاپ چىقىلغان چوڭ پارچىنىڭ ئەڭ
چېتىدىكى قىسمىغا ئەللىك ئىزمە قادىدى. [18] ئۇ چېدىر بىر
پۈتۈن بولسۇن ئۈچۈن ھەم مىستىن ئەللىك ئىلغۇ ياساپ، ئىككى
چوڭ پارچىنى ئۇلاپ قويدى.
[19] ئۇ بۇنىڭدىن باشقا چېدىرغا قىزىل بويالغان قوچقار
تېرىسىدىن يوپۇق ياساپ ياپتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدىنمۇ
دېلفىن تېرىسىدىن ياسالغان يەنە بىر يوپۇقنى قاپلىدى.
[20] ئۇ مۇقەددەس چېدىرنىڭ تىك تاختايلىرىنى ئاكاتسىيە
ياغىچىدىن ياساپ تىكلىدى. [21] ھەربىر تاختاينىڭ ئۇزۇنلۇقى

---

**11:36** مىس. 4:26

**12:36** مىس. 10،5:26

**13:36** مىس. 6:26

**18:36** مىس. 11:26

**19:36** مىس. 14:26

**20:36** مىس. 15:26

ئون گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز قىلىندى. [22]ھەربىر تاختاينىڭ ئىككىدىن تۇرۇمى بار ئىدى، ھەر ئىككى تاختاي شۇلار بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلدى؛ ئۇ چېدىرنىڭ بارلىق تاختايلىرىنى شۇنداق ياسىدى.
[23]ئۇ چېدىرنىڭ تاختايلىرىنى شۇنداق ياسىدى؛ يىگىرمىسى جەنۇب تەرەپكە ئورنىتىلدى؛ [24]ئۇ بۇ يىگىرمە تاختاينىڭ تېگىگە كۈمۈشتىن قىرىق تەگلىك ياسىدى؛ بىر تاختاينىڭ ئاستىدىكى ئىككى تۇرۇمى ئۈچۈن ئىككىدىن تەگلىك، يەنە بىر تاختاينىڭ ئىككى تۇرۇمى ئۈچۈن ئىككىدىن تەگلىكنى ياسىدى.
[25]شۇنىڭدەك ئۇ چېدىرنىڭ ئۇدۇل تەرىپىگە، يەنى شىمال تەرىپىگە يىگىرمە تاختاي ياسىدى، [26]شۇنداقلا بۇلارنىڭ قىرىق تەگلىكىنى كۈمۈشتىن ياسىدى؛ بىر تاختاينىڭ تېگىگە ئىككىدىن تەگلىك، يەنە بىر تاختاينىڭ تېگىگە ئىككىدىن تەگلىك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. [27]چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىگە، يەنى غەرب تەرەپكە ئالتە تاختاينى ياساپ ئورناتتى. [28]ئۇ چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئىككى بۇلۇڭغا ئىككى تاختاينى ياساپ ئو رناتتى. [29]بۇ بۇلۇڭ تاختايلىرى ئاستىدىن ئۈستىگىچە ئىككى قات قىلىپ تاختايلارنى ئۆزئارا چېتىشتۇردى، ئۈستى بىر ھالقىغا بېكىتىلدى. ئۇ ھەر ئىككىسىنى شۇنداق ياساپ، ئىككى بۇلۇڭغا ئورناتتى. [30]شۇڭلاشقىمۇ ئۇ تەرىپىدە سەككىز تاختاي بولدى، ئۇلارنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان ئون ئالتە تەگلىكى بار ئىدى؛ بىر

**21:36** مىس. 16:26

**22:36** مىس. 17:26

**23:36** مىس. 18:26

**24:36** مىس. 19:26

**25:36** مىس. 20:26

**27:36** مىس. 22:26

**28:36** مىس. 23:26

**29:36** مىس. 24:26

تاختاينىڭ تېگىدە ئىككى تەگلىك، يەنە بىر تاختاينىڭ تېگىدە ئىككى تەگلىك بار ئىدى.
[31]بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بالداق ياسىدى؛ چېدىرنىڭ بۇ تەرىپىدىكى تاختايلارغا بەش بالداقنى، [32]چېدىرنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاختايلارغا بەش بالداقنى، چېدىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تاختايلارغا، يەنى غەرب تەرىپىدىكى تاختايلارغىمۇ بەش بالداقنى ياسىدى. [33]ئۇ تاختايلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئوتتۇرا بالداقنى بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە يەتكۈزۈپ ياسىدى.
[34]ئۇ تاختايلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، بالداقلار ئۆتكۈزۈلىدىغان ھالقىلارنى ئالتۇندىن ياساپ، بالداقلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.
[35]ئۇ نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختكە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەن بىر پەردە ياسىدى؛ ئۇنى كېرۇبلارنىڭ سۈرىتىنى چېۋەرلىك بىلەن لايىھىلەپ نەپىس قىلىپ چۈشۈرۈپ، كەشتىلەپ چىقاردى. [36]ئۇنى ئېسىشقا ئۇ ئاكاتسىيە ياغىچىدىن تۆت خادا ياساپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. ئۇلارنىڭ ئىلمەكلىرى ئالتۇندىن ياسالدى؛ خادىلارغا ئۇ كۈمۈشتىن تۆت تەگلىكنى قۇيۇپ ياسىدى.
[37]ئۇ چېدىرنىڭ كىرىش ئېغىزىغا نەپىس توقۇلغان ئاق كاناپ رەختكە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەن بىر پەردە ياسىدى، ئۇنى كەشتىچىگە كەشتىلەتتى. [38]ئۇ يەنە بۇ پەردىنىڭ بەش خادىسىنى ئىلمەكلىرى بىلەن قوشۇپ ياسىدى؛

**30:36** مىس. 25:26
**31:36** مىس. 26:26
**32:36** مىس. 27:26
**33:36** مىس. 28:26
**34:36** مىس. 29:26
**35:36** مىس. 31:26
**36:36** مىس. 32:26
**37:36** مىس. 36:26

ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ۋە بالداقلىرىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى؛
ئۇلارنىڭ بەش تەگلىكى مىستىن ياسالدى.

## ئەھدە ساندۇقىنى ياساش

37 [1] ئاندىن بەزالەل ئەھدە ساندۇقىنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن
ياسىدى؛ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم گەز، ئېگىزلىكى
بىر يېرىم گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز ئىدى. [2] ئۇ ئۇنىڭ ئىچى ۋە
سىرتىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ
چۆرىسىگە ئالتۇندىن گىرۋەك چىقاردى. [3] ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇندىن
تۆت ھالقا قۇيۇپ، ئۇلارنى ئۇنىڭ تۆت چېتىقىغا بېكىتتى؛ بىر
تەرىپىگە ئىككى ھالقا، يەنە بىر تەرىپىگە ئىككى ھالقا بېكىتتى. [4] ئۇ
ھەم ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئىككى بالداق ياساپ، ھەر ئىككىسىنى
ئالتۇن بىلەن قاپلىدى؛ [5] ئاندىن ساندۇق ئۇلار ئارقىلىق كۆتۈرۈلسۇن
دەپ، بالداقلارنى ساندۇقنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھالقىلىرىدىن
ئۆتكۈزۈپ قويىدى.
[6] ئۇ ساندۇقنىڭ ياپقۇچى سۈپىتىدە ئالتۇندىن ئۇزۇنلۇقى ئىككى
يېرىم گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز بولغان بىر «كەفارەت تەختى»
ياسىدى. [7] ئۇ ئىككى كېرۇبنى ئالتۇندىن سوقۇپ ياسىدى؛ ئۇلارنى

38:36 **«بەش خادىنىڭ باشلىرىنى ۋە بالداقلىرىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى»** — 37:26-ئايەتتىكى مۇشۇ خادىلارنى «ئالتۇن بىلەن قاپلىغىن» دېيىلىدۇ. مۇشۇ ئايەتتە قاپلىنىش كۆلىمى دائىرىسى ئېنىق كۆرۈنىدۇ — قارىغاندا، پۈتۈن خادىلار ئەمەس، بەلكى پەقەت «باشلىرى» ۋە «چېتىق»لىرى ئالتۇن بىلەن قاپلىنىدۇ.
—«بالداقلار» — ئۇلار خادىلارنى ئۆزئارا چېتىپ تۇرىدىغان تاياقچىلار بولۇپ، خادىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە پەردىلەرنىمۇ كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ (17:38نى كۆرۈڭ). «بالداقلار»نىڭ باشقا تەرجىمىلىرى: «ھالقىلار» ياكى «چەمبەرلەر».
**38:36** مىس. 37:26
**1:37** مىس. 10:25
3:37 **«تۆت چېتىقىغا»** — ياكى «تۆت پۇتىغا».

كەفارەت تەختىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورناتتى؛ [8]بىر كېرۇبنى بىر
تەرىپىگە، يەنە بىر كېرۇبنى يەنە بىر تەرىپىگە ئورناتتى. ئۇ ئىككى
تەرىپىدىكى كېرۇبلارنى كەفارەت تەختى بىلەن بىر گەۋدە قىلدى.
[9]كېرۇبلار بىر-بىرىگە يۈزلىنىپ، قاناتلىرىنى كەفارەت تەختىنىڭ
ئۈستىگە كېرىپ، قاناتلىرى بىلەن ئۇنى يېپىپ تۇراتتى؛ كېرۇبلارنىڭ
يۈزى كەفارەت تەختىگە قارىتىلدى.

## شىرە

[10]ئۇ ھەم شىرەنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياسىدى؛ ئۇنىڭ
ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەز، كەڭلىكى بىر گەز، ئېگىزلىكى بىر يېرىم
گەز ئىدى. [11]ئۇ ئۇنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى
قىسمىنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن گىرۋەك چىقاردى. [12]ئۇ
شىرەنىڭ چۆرىسىگە تۆت ئىلىك ئېگىزلىكتە بىر لەۋ ياسىدى؛
بۇ لەۋنىڭ چۆرىسىگىمۇ ئالتۇندىن بىر گىرۋەك چىقاردى. [13]ئۇ
شىرەگە ئالتۇندىن تۆت ھالقا ياساپ، بۇ ھالقىلارنى شىرەنىڭ
تۆت بۇرجىكىدىكى چېتىققا ئورناتتى. [14]شىرەنى كۆتۈرۈشكە
بالداقلار ئۆتكۈزۈلسۇن دەپ، ھالقىلار شىرە لېۋىگە يېقىن بېكى
تىلدى. [15]شىرە ئۈچۈن ئۇ بالداقلارنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن
ياساپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىدى؛ شىرە ئۇلار بىلەن كۆتۈرۈلەتتى.
[16]ئۇ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان بارلىق بويۇملارنى، يەنى

---

8:37 «ئۇ ئىككى تەرىپىدىكى كېرۇبلارنى كەفارەت تەختى بىلەن بىر گەۋدە قىلدى» — ياكى «ئۇ كېرۇبلار بىلەن كەفارەت تەختىنى بىر پۈتۈن ئالتۇندىن ياسىدى».

8:37 مىس. 19:25

9:37 مىس. 20:25

10:37 مىس. 23:25

11:37 مىس. 24:25

12:37 مىس. 25:25

13:37 مىس. 26:25

14:37 مىس. 27:25

لىگەنلىرىنى، قاچا-قۇچا تەخسىلىرىنى، شاراب ھەدىيەلىرىنى قۇيىدىغان قەدەھ ۋە پىيالىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساپ ئالتۇندىن ياسىدى.

## چىراغدانني ياساش

[17] ئۇ ھەم چىراغداننى ساپ ئالتۇندىن ياسىدى؛ چىراغداننى سوقۇپ ياسىدى؛ چىراغداننىڭ پۇتى، غولى، قەدەھلىرى، غۇنچىلىرى ۋە گۈللىرى بىر پۈتۈن ئالتۇندىن سوقۇلدى. [18] چىراغداننىڭ غولىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئالتە شاخچە چىقىرىلدى ـ چىراغداننىڭ بىر يېنىدىن ئۈچ شاخچە، ئۇنىڭ يەنە بىر يېنىدىن ئۈچ شاخچە چىقىرىلدى؛ [19] بىر يېنىدىكى ھەربىر شاخچىدە بادام گۈلى شەكلىدە غۇنچىسى ۋە چېچىكى بولغان ئۈچ قەدەھ چىقىرىلدى، يەنە بىر يېنىدىكى ھەربىر شاخچىدە بادام گۈلى شەكلىدە غۇنچىسى ۋە چېچىكى بولغان ئۈچ قەدەھ چىقىرىلدى. چىراغدانغا چىقىرىلغان ئالتە شاخچىنىڭ ھەممىسى شۇنداق ياسالدى. [20] چىراغداننىڭ غولىدىن بادام گۈلى شەكلىدە غۇنچىسى ۋە چېچىكى بولغان تۆت قەدەھ چىقىرىلدى. [21] بۇلاردىن باشقا بىرىنچى ئىككى شاخچىنىڭ ئاستىدا بىر غۇنچە، ئىككىنچى ئىككى شاخچىنىڭ ئاستىدا بىر غۇنچە، ئۈچىنچى ئىككى شاخچىنىڭ ئاستىدا بىر غۇنچە ياسالغانىدى؛ چىراغدانغا چىقىرىلغان ئالتە شاخچىنىڭ ئاستىنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىدى. [22] ئۇنىڭ شۇ غۇنچىلىرى ھەم شاخچىلىرى چىراغدان بىلەن بىر گەۋدە قىلىندى ـ بىر پۈتۈن ساپ ئالتۇندىن سوقۇپ ياسالدى. [23] ئۇ

16:37 مىس. 29:25
17:37 مىس. 31:25
18:37 مىس. 32:25
19:37 مىس. 33:25
20:37 «**غولىدىن**» ــ يەنى غولىنىڭ ئۇستۈنكى قىسمىدىن. 35-ئايەتنى كۆرۈڭ.
20:37 مىس. 34:25
22:37 مىس. 36:25

چىراغدانىنىڭ يەتتە چىرىغىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پىلىك قايچىلىرى بىلەن كۈلدانلىرىنى ساپ ئالتۇندىن ياسىدى. [24]ئۇ چىراغدان ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەسۋابلىرىنى بىر تالانت ساپ ئالتۇندىن ياسىدى.

## خۇشبۇيگاھنى ياساش

[25]ئۇ يەنە خۇشبۇيگاھنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياسىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر گەز، كەڭلىكى بىر گەز، ئېگىزلىكى ئىككى گەز بولۇپ، تۆت چاسا قىلىپ ياسالدى؛ تۆت بۇرجىكىدىكى مۈڭگۈزلەر ئۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن قىلىپ ياسالدى. [26]ئۇ ئۇنى، يەنى ئۇنىڭ ئۈستىنى، تۆت ئەتراپىنى ھەم مۈڭگۈزلىرىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن گىرۋەك چىقاردى. [27]ئۇنىڭغا ئالتۇندىن ئىككى ھالقا ياساپ، ئۇنىڭ گىرۋىكىنىڭ ئاستىغا بېكىتتى؛ ئۇلارنى ئىككى يېنىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل بېكىتتى. خۇشبۇيگاھنى كۆتۈرىدىغان ئىككى بالداقنى سېلىش ئۈچۈن بۇلارنى خۇشبۇيگاھنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇردى. [28]ئۇ بالداقلارنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.

[29]ئۇ ھەم مۇقەددەس مەسھلەش مېيىنى ياسىدى، ئاندىن ئەتىرچى چىقارغاندەك دورا-دەرمەكلەرنى تەڭشەپ ساپ خۇشبۇينى ياسىدى.

---

**23:37** مس. 38،37:25

**24:37** **«بىر تالانت ئالتۇن»** — بەلكىم 4.4 كىلوگىرامچە بولۇشى مۇمكىن.

**24:37** مس. 39:25

**25:37** مس. 2 ،1:30

**27:37** **«ئىككى يېنىغا...»** — ياكى «ئىككى بۇرجىكىگە...».

**27:37** مس. 4:30

**28:37** مس. 5:30

**29:37** مس. 34،22:30

## قۇربانگاھنى ياساش

38 [1]ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھنى ئاكاتسىيە
ياغىچىدىن ياسىدى. قۇربانگاھ تۆت چاسا بولۇپ،
ئۇزۇنلۇقى بەش گەز، كەڭلىكى بەش گەز، ئېگىزلىكى ئۈچ گەز
قىلىندى. [2]ئۇ ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىگە قويۇلىدىغان مۈڭگۈزلىرىنى
ياسىدى؛ مۈڭگۈزلىرى قۇربانگاھ بىلەن بىر گەۋدە قىلىندى.
قۇربانگاھنى مىس بىلەن قاپلىدى. [3]ئۇ قۇربانگاھنىڭ بارلىق
ئەسۋابلىرىنى ــ ئۇنىڭغا خاس بولغان داسلارنى، گۈرجەكلەرنى،
كورىلارنى، لاخشىگىرلارنى ۋە ئوتدانلارنىمۇ ياسىدى؛ ئۇنىڭ بارلىق
ئەسۋابلىرىنى مىستىن ياسىدى. [4]قۇربانگاھ ئۈچۈن مىستىن بىر
شالا ياسىدى؛ شالانى قۇربانگاھنىڭ قاپ بېلىنىڭ ئاستىدىكى
گىرۋەكتىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان قىلدى؛ شالا قۇربانگاھنىڭ
دەل ئوتتۇرىسىدا ئىدى. [5]ئۇ شالانىڭ تۆت بۇرجىكىگە بالداقلار
ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆت مىس ھالقىنى قۇيۇپ ياسىدى. [6]ئۇ بالداقلارنى
ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ، ئۇلارنى مىس بىلەن قاپلىدى.
[7]ئاندىن ئۇ قۇربانگاھنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بالداقلارنى قۇربانگاھنىڭ
ئىككى يېنىدىكى ھالقىلارغا ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇ قۇربانگاھنى
تاختايلاردىن، ئىچىنى بوش قىلىپ ياسىدى.

## يۇيۇنۇش دېسىنى ياساش

[8]ئۇ يەنە يۇيۇنۇش دېسىنى مىستىن، ئۇنىڭ تەگلىكىنىمۇ مىستىن
ياسىدى؛ ئۇ بۇلارنى «كۆرۈشۈش چېدىرى»نىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ
ئالدىدا خىزمەتتە بولغان ئاياللارنىڭ مىس ئەينەكلىرىدىن ياسىدى.

**2:38** مىس. 2:27
**3:38** مىس. 3:27
**4:38** مىس. 4:27، 5
**7:38** مىس. 8:27
**8:38** مىس. 18:30

## ئىبادەت جايىنىڭ ھويلىسى

[9] ئاندىن ئۇ چېدىرنىڭ ھويلىسىنىمۇ ياسىدى. ھويلىنىڭ جەنۇبىغا، يەنى
جەنۇبقا يۈزلەنگەن تەرىپىگە نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتىن پەردىلەرنى
ياسىدى؛ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز ئىدى. [10] پەردىلەرنى ئېسىشقا يىگىرمە
خادا ۋە خادىلارنىڭ يىگىرمە تەگلىكىنى ئۇ مىستىن ياسىدى. خادىلارنىڭ
ئىلمەكلىرى ۋە بالداقلىرى كۈمۈشتىن ياسالغانىدى.
[11] شۇنىڭغا ئوخشاش شىمال تەرىپىدىمۇ ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز كېلىدىغان
پەردە بار ئىدى. پەردىلەرنى ئېسىشقا يىگىرمە خادا ۋە خادىلارنىڭ
يىگىرمە تەگلىكىنى ئۇ مىستىن ياسىدى. خادىلارنىڭ ئىلمەكلىرى
ۋە بالداقلىرى كۈمۈشتىن ياسالغانىدى.
[12] شۇنىڭغا ئوخشاش غەرب تەرىپىدە ئۇزۇنلۇقى ئەللىك گەز كېلىدىغان
پەردە بار ئىدى؛ پەردىلەرنى ئېسىشقا ئون خادا ۋە خادىلارنىڭ ئون
تەگلىكىنى ئۇ مىستىن ياسىدى. خادىلارنىڭ ئىلمەكلىرى ۋە
بالداقلىرى كۈمۈشتىن ياسالدى.
[13] ھويلىنىڭ شەرق تەرىپى، يەنى كۈن چىقىشقا يۈزلەنگەن تەرىپىنىڭ
كەڭلىكى ئەللىك گەز ئىدى. [14] بىر تەرىپىدە ئون بەش گەز كېلىدىغان
پەردە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ خادىسى بىلەن ئۈچ تەگلىكى بار ئىدى. [15] يەنە
بىر تەرىپىدىمۇ ئون بەش گەز كېلىدىغان پەردە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ
خادىسى بىلەن ئۈچ تەگلىكى بار ئىدى. [16] ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى
پەردىلەرنىڭ ھەممىسى نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتىن
تىكىلگەنىدى.
[17] ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى ھەممە خادىلارنىڭ تەگلىكى مىستىن،
ئۇلارنىڭ ئىلمەكلىرى ۋە بالداقلىرى كۈمۈشتىن ياسالدى؛ خادىلارنىڭ
باشلىرىمۇ كۈمۈشتىن قاپلانغانىدى. ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى ھەممە
خادىلار كۈمۈشتىن ياسالغان بالداقلار بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلدى.
[18] ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى پەردە نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ
رەختكە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كەشتىچىلەر

**9:38** مىس. 9:27

تەرىپىدىن كەشتىلەندى؛ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز، ئېگىزلىكى هويلىدىكى پەردىلەرنىڭ ئېگىزلىكىگە ئوخشاش بولۇپ بەش گەز ئىدى. [19] ئۇنىڭ تۆت خادىسى بىلەن مىستىن ياسالغان تۆت تەگلىكى بار ئىدى؛ خادىلارنىڭ ئىلمەكلىرى كۈمۈشتىن ياسالدى، ئۇلارنىڭ باشلىرى كۈمۈش بىلەن قاپلاندى ۋە بالداقلىرى كۈمۈشتىن ياسالدى.
[20] مۇقەددەس چېدىرنىڭ ھەم چۆرىسىدىكى هويلىنىڭ بارلىق مىق-قوزۇقلىرى مىستىن ياسالدى.

## ئىبادەت چېدىرى ئۈچۈن ئاتالغان ماتېرىياللار

[21] مۇقەددەس چېدىر، يەنى «ھۆكۈم-گۇۋاھلىقى چېدىرى» ئۈچۈن ئاتالغان ماتېرىياللارنىڭ سانى تۆۋەندە خاتىرىلەنگەن (ئۇلار مۇسانىڭ بۇيرۇقى بىلەن، كاھىن ھارۇننىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ قول ئاستىدىكى لاۋىيلار مەسئۇل بولۇپ ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، خۇداغا ئاتالغاندى:—)
[22] يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان خۇرنىڭ نەۋرىسى، ئۇرىنىڭ ئوغلى بەزالەل پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلدى؛ [23] دان قەبىلىسىدىن بولغان ئاھىساماقنىڭ ئوغلى ئوھولىياب ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئىدى؛ ئۇ بولسا نەققاشلىق-ئويمىچىلىق ئۇستىسى، لايىھىلىگۈچى ھەمدە كۆك، سۆسۈن، قىزىل يىپتىن ئاق كاناپ رەختكە كەشتە تىكەلەيدىغان ئۇستا ئىدى.
[24] مۇقەددەس چېدىرنى ياساشقا ئىشلىتىلگەن ئالتۇن، يەنى «پۇلاڭلاتما ھەدىيە» سۈپىتىدە كەلتۈرۈلگەن ئالتۇننىڭ ھەممىسى مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە يىگىرمە توققۇز تالانت يەتتە يۈز ئوتتۇز شەكەل ئىدى. [25] جامائەت ئارىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن ئادەملەر تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن كۈمۈش بولسا مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە بىر

---

24:38 **«يىگىرمە توققۇز تالانت يەتتە يۈز ئوتتۇز شەكەل...»** — بىر «تالانت» 3000 شەكەل ئىدى. «مۇقەددەس جايدىكى شەكەل»نىڭ بىرلىكى (ئالتۇن) 224 گرام بولغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئالتۇنلارنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 2 توننا بولغان بولىدۇ.

يۈز تالانت بىر مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش بەش شەكەل ئىدى. [26]بۇ كۈمۈش نوپۇسى رويخەتكە ئېلىنغان كىشىلەردىن ئېلىنغانىدى ـ دېمەك، كىمكى يىگىرمە ياش يا ئۇنىڭدىن چوڭ، ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەرنىڭ ھەربىرى بىر بېكا، يەنى مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە يېرىم شەكەل كۈمۈش بەردى. ساناقتىن ئۆتكەن كىشى ئالتە يۈز ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئەللىك كىشى ئىدى.

[27]مۇقەددەس جاينىڭ تەگلىكلىرىنى ھەم ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنىڭ تەگلىكلىرىنى قۇيۇشقا يۈز تالانت كۈمۈش كەتتى؛ يۈز تالانت كۈمۈشتىن يۈز تەگلىك ياسىلىپ، ھەربىر تەگلىك ئۈچۈن بىر تالانت ئىشلىتىلدى. [28]ئۇ قالغان بىر مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش بەش شەكەل كۈمۈشتىن خادىلارنىڭ ئىلمەكلىرىنى ياسىدى، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى قاپلىدى، شۇنىڭدەك ئۇلارنى بىر-بىرىگە چاتىدىغان بالداقلارنى ياسىدى.

[29]«پۇلاڭلاتما ھەدىيە» سۈپىتىدە كەلتۈرۈلگەن مىس بولسا يەتمىش تالانت، ئىككى مىڭ تۆت يۈز شەكەل چىقتى. [30]بۇنىڭدىن ئۇ جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ تەگلىكلىرىنى، مىس قۇربانگاھنى، ئۇنىڭ مىس شالاسى ۋە قۇربانگاھنىڭ بارلىق ئەسۋابلىرىنى، [31]ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى خادا تەگلىكلىرىنى، ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تەگلىكلەرنى، چېدىرنىڭ بارلىق قوزۇقلىرىنى ۋە ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى قوزۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ياسىدى.

---

25:38 **«جامائەت ئارىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن ئادەملەر...»** ــ بۇ «ئادەملەر» ئەركەك كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ («چۆل.» 1:2-46نى كۆرۈڭ). **«بىر يۈز تالانت بىر مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش بەش شەكەل ...»** ــ كۈمۈشكە نىسبەتەن «تالانت» ۋە «شەكەل»نىڭ بىرلىكى ئالتۇنىڭكىگە ئوخشاش بولسا، بۇ كۈمۈشلەرنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 6.7 توننا بولغان بولىدۇ.

29:38 **«يەتمىش تالانت، ئىككى مىڭ تۆت يۈز شەكەل...»** ــ بىر «تالانت» مىس 1500 شەكەل ياكى بەزىدە 3000 شەكەل ھېسابلىنىدۇ؛ بىر شەكەل مىس 224 گرام ياكى 540 گرام بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ مىسنىڭ ئېغىرلىقى 23ـ92 توننا ئوتتۇرىسىدا بولسا كېرەك.

## كاھىنلارنىڭ مۇقەددەس كىيىملىرىنىڭ تىكىلىشى

39 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل
يىپلار ئىشلىتىلىپ، مۇقەددەس چېدىرنىڭ خىزمىتىدە
كىيىلىدىغان كاھىنلىق كىيىملەر، شۇنداقلا ھارۇننىڭ مۇقەددەس
كىيىملىرى تەييار قىلىندى.
[2] بەزالەل ئالتۇن ۋە كۆك، سۆسۈن، قىزىل يىپلار بىلەن نېپىز
توقۇلغان ئاق كاناپ رەختلەردىن ئەفودنى ياساپ تەييارلىدى.
[3] ئۇلار ئالتۇننى سوقۇپ نېپىز قىلىپ، ئۇنى كېسىپ يىپ قىلدى،
ئاندىن بۇلارنى ماھىرلىق بىلەن كۆك يىپلار، سۆسۈن يىپلار ۋە
قىزىل يىپلاردىن ئاق كاناپ رەختكە لاھايىلەنگەن نۇسخىلار
ئۈستىگە توقۇدى.
[4] ئۇلار ئەفودنىڭ ئالدى ۋە كەينى قىسمىنى بىر-بىرگە تۇتاشتۇرۇپ
تۇرىدىغان ئىككى مۈرىلىك تاسما ياسىدى؛ ئەفودنىڭ ئىككى
تەرىپى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى. [5] ئەفودنىڭ ئۈستىگە
باغلايدىغان بەلۋاغ ئەفود بىلەن بىر پۈتۈن قىلىنغان بولۇپ،
ئۇنىڭغا ئوخشاش سىپتا ئىشلىنىپ، ئالتۇن ۋە كۆك، سۆسۈن،
قىزىل يىپلار ۋە نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتىن ياسالدى؛
ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.
[6] ئۇلار ئىككى ئاق ھېقىقنى ئىككى ئالتۇن كۆزلۈككە ئورنىتىپ،
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خۇددى مۆھۈر ئويغاندەك ئىسرائىلنىڭ
ئوغۇللىرىنىڭ ناملىرىنى ئويۇپ ياسىدى. [7] ئىسرائىلنىڭ

---

**1:39** مىس. 10:31؛ 19:35

**2:39** مىس. 6:28

3:39 **«ئۇلار ئالتۇننى سوقۇپ نېپىز قىلىپ، ئۇنى كېسىپ يىپ قىلدى، ... كۆك، سۆسۈن، قىزىل يىپلاردىن ئاق كاناپ رەختكە لاھايىلەنگەن نۇسخىلار ئۈستىگە توقۇدى» —** ئەينى ئىبرانىي تېكىستنى چۈشىنىش بىر قەدەر تەس. ئۇنىڭ بىرنەچچە خىل تەرجىمىسى ئۇچرىشى مۇمكىن.

**3:39** مىس. 6:28

**5:39** مىس. 8:28

ئوغۇللىرىغا ئەسلەتمە تاش بولسۇن ئۈچۈن، پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغاندەك ئىككى ياقۇتنى ئەفودنىڭ ئىككى مۈرىلىك تاسمىسىغا بېكىتىپ قويدى.

## هۆكۈم قوشېنىنى ياساش

[8]ئۇ قوشېنىنى چېۋەر قوللارغا نەپىس قىلىپ كەشتىلىتىپ ياسىدى؛ ئۇنى ئەفودنى ئىشلىگەن ئۇسۇلدا ئالتۇن ۋە كۆك، سۆسۈن، قىزىل يىپلار بىلەن نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتىن ياسىدى. [9]ئۇلار قوشېنىنى ئىككى قات، تۆت چاسا قىلىپ ياسىدى؛ ئىككى قات قىلىنغاندا ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ، كەڭلىكىمۇ بىر غېرىچ كېلەتتى. [10]ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت قاتار قىلىپ گۆھەرلەرنى ئورناتتى: ــ بىر قاتاردىكىسى قىزىل ياقۇت، سېرىق گۆھەر ۋە زۇمرەتلەر ئىدى؛ بۇ بىرىنچى قاتار ئىدى. [11]ئىككىنچى قاتارغا كۆك قاشتېشى، كۆك ياقۇت ۋە ئالماس، [12]ئۈچىنچى قاتارغا سۆسۈن ياقۇت، پىروزا ۋە سۆسۈن كۋارتس، [13]تۆتىنچى قاتارغا بېرىل ياقۇت، ئاق هېقىق ۋە ئانارتاش ئورنىتىلدى؛ بۇلارنىڭ هەممىسى ئالتۇن كۆزلۈككە بېكىتىلدى. [14]بۇ گۆھەرلەر ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ناملىرىغا ۋەكىل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سانىدەك ئون ئىككى بولۇپ، مۆھۈر ئويغاندەك هەربىر گۆھەرگە ئون ئىككى قەبىلىنىڭ نامى بىردىن-بىردىن پۈتۈلدى.

[15]ئۇلار قوشېنىغا شوينىدەك ئېشىلگەن ساپ ئالتۇندىن ئىككى ئېشىلمە زەنجىر ياسىدى؛ [16]ئۇلار قوشېنىغا ئالتۇندىن ئىككى كۆزلۈك ۋە ئىككى هالقا ئېتىپ، ئىككى هالقىنى قوشېنىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى بۇرجىكىگە بېكىتتى؛ [17]ئاندىن شۇ ئالتۇندىن

---

7:39 «... ئىككى ياقۇتنى ئەفودنىڭ ئىككى مۈرىلىك تاسمىسىغا بېكىتىپ قويدى» ــ ئەفود توغرۇلۇق مۇناسىۋەتلىك سىخېمىنى كۆرۈڭ.

7:39 مىس. 12:28

10:39 مىس. 17:28

11:39 مىس. 18:28

16:39 «ئىككى بۇرجىكىگە» ــ ئىبرانىي تىلدا «ئىككى بېشىغا».

ئېشىلىپ ياسالغان ئىككى زەنجىرنى قوشىپىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى بۇرجىكىدىكى ھالقىدىن ئۆتكۈزۈپ،[18] ئېشىلگەن شۇ زەنجىرلەرنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككى كۆزلۈككە بېكىتىپ، كۆزلۈكلەرنى ئەفودنىڭ ئىككى مۈرىلىك تاسمىسىنىڭ ئالدى قىسمىغا ئورناتتى.[19] بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئالتۇندىن ئىككى ھالقا ياساپ، ئۇلارنى قوشىپىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ئىككى بۇرجىكىگە بېكىتتى؛ ئۇلار ئەفودقا تېگىشىپ تۇرىدىغان قىلىنىپ ئىچىگە قادالدى.[20] مۇندىن باشقا ئۇلار ئالتۇندىن يەنە ئىككى ھالقا ياساپ، ئۇلارنى ئەفودنىڭ ئىككى مۈرىلىك تاسمىسىنىڭ ئالدى تۆۋەنكى قىسمىغا، ئەفودقا ئۇلىنىدىغان جايىغا يېقىن، كەشتىلەنگەن بەلۋاغدىن ئېگىزرەك قىلىپ بېكىتتى.[21] ئۇلار قوشىپىنىڭ ئەفودنىڭ بەلۋېغىدىن يۇقىرىراق تۇرۇشى، قوشىپىنىڭ ئەفودتىن ئاجراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆك شوينا بىلەن قوشىپىنىڭ ھالقىسىنى ئەفودنىڭ ھالقىسىغا چېتىپ قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.

## كاھىنلار كىيىدىغان باشقا كىيىملەرنىڭ تىكىلىشى

[22] بەزالىل ئەفودنىڭ ئىچىدىكى تونىنى پۈتۈنلەي كۆك رەڭلىك قىلدى.[23] تونىنىڭ باشقا كىيىلىدىغان تۆشۈكى دەل ئوتتۇرىسىدا، خۇددى ساۋۇتنىڭ ياقىسىدەك ئىشلەنگەنىدى؛ يىرتىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ چۆرىسىگە پەۋاز ئىشلەندى.[24] ئۇلار تونىنىڭ ئېتىكىنىڭ چۆرىسىگە كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپتىن ئانارلارنى توقۇپ ئېسىپ قويدى.[25] ئۇلار ھەمدە ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى ياساپ، قوڭغۇراقلارنى تونىنىڭ ئېتىكىنىڭ چۆرىسىگە، ئانارلارنىڭ ئارىلىقىغا بىردىن ئېسىپ قويدى؛ ھەر ئىككى ئانارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلدى.[26] كاھىنلىق خىزمىتىگە ئائىت قوڭغۇراقلار تونىنىڭ ئېتىكىنىڭ چۆرىسىگە

---

39:19 «ئىككى بۇرجىكىگە» ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىككى بېشىغا».

39:23 «ساۋۇت» ــ جەڭچىنىڭ ئالاھىدە كىيىمى.

بېكىتىلدى؛ بىر ئالتۇن قوڭغۇراق، بىر ئانار، بىر ئالتۇن قوڭغۇراق، بىر ئانار قىلىپ بېكىتىلدى؛ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.
[27] ئۇلار ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتىن خالتا كۆڭلەكلەرنى تىكتى؛ [28] سەللىنى ئاق كاناپ رەختتە ياسىدى، شۇنداقلا چىرايلىق ئېگىز بۆكلەرنى ئاق كاناپ رەختتە، تامباللارنى نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتە تەييارلىدى؛ [29] بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار بەلۋاغنىمۇ كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل يىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ كەشتىلەنگەن، نېپىز توقۇلغان ئاق كاناپ رەختتە تەييارلىدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.
[30] ئۇلار يەنە نەپىس تاختاينى، يەنى مۇقەددەس ئوتۇغاتنى ساپ ئالتۇندىن ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۆھۈر ئويغاندەك: «پەرۋەردىگارغا مۇقەددەس قىلىندى» دەپ ئويۇپ پۈتتى؛ [31] ئۇلار ئوتۇغاتقا كۆك رەڭلىك يىپنى باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوتۇغاتنى سەللىگە تاقىدى، بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.

## مۇسانىڭ ياسالغان سەرەمجانلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشى

[32] شۇ تەرىقىدە جامائەتنىڭ ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھەممە قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى؛ ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىنىڭ ھەممىسىنى شۇ بويىچە قىلدى؛ شۇ تەرىقىدە ھەممىسىنى پۈتتۈردى. [33] ئۇلار چېدىرنى مۇسانىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ــ چېدىر يوپۇقلىرىنى، ئۇنىڭ بارلىق ئەسۋابلىرىنى، ئىلمەكلىرىنى، تاختايلىرىنى، بالداقلىرىنى، خادىلىرى بىلەن تەگلىكلىرىنى،

27:39 مىس. 39:28
30:39 مىس. 36:28؛ 6:29
31:39 مىس. 37:28
33:39 مىس. 11:35

[34] شۇنىڭدەك قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسىدىن ياسالغان يوپۇق
بىلەن دېلفىن تېرىسىدىن ياسالغان يوپۇقنى، «ئايرىما پەردە»نى،
[35] ئەھدە ساندۇقى ۋە ئۇنىڭ بالداقلىرىنى، «كەفارەت تەختى»نى،
[36] شىرە ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەسۋابلىرىنى، شۇنداقلا «تەقدىم نانلار»نى،
[37] ساپ ئالتۇندىن ياسالغان چىراغدان بىلەن ئۇنىڭ چىراغلىرىنى،
يەنى ئۈستىگە تىزىلغان چىراغلارنى، ئۇنىڭ بارلىق ئەسۋابلىرى
ھەم چىراغ مېيىنى، [38] ئالتۇن خۇشبۇيگاھ، مەسىھلەش مېيى، دورا-
دەرمەكلەردىن ياسالغان خۇشبۇينى، چېدىرنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ
پەردىسىنى، [39] مىس قۇربانگاھ بىلەن ئۇنىڭ مىس شالاسىنى، ئۇنىڭ
بالداقلىرى بىلەن ھەممە ئەسۋابلىرىنى، يۇيۇش دېسى بىلەن ئۇنىڭ
تەگلىكىنى، [40] ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى پەردىلەرنى، ئۇنىڭ خادىلىرى
ۋە ئۇلارنىڭ تەگلىكلىرىنى، ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ پەردىسى
بىلەن ھويلىنىڭ تانىلىرى ۋە قوزۇقلىرىنى، مۇقەددەس چېدىرنىڭ،
يەنى جامائەت چېدىرىغا ئائىت خىزمەتكە ئىشلىتىلىدىغان بارلىق
ئەسۋابلارنى، [41] مۇقەددەس جايغا ئائىت خىزمەت ئۈچۈن تىكىلگەن
كاھىنلىق كىيىمىنى، يەنى ھارۇن كاھىنىنىڭ مۇقەددەس كىيىملىرى
بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاھىنلىق كىيىملىرىنى بولسا،
ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدى.

[42] بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا
بارلىق بۇيرۇغانلىرى بويىچە ئەنە شۇنداق ئادا قىلغانىدى. [43] مۇسا
ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە تەپسىلىي قارىدى، مانا، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ
بۇيرۇغىنى بويىچە بۇ ئىشلارنى پۈتكۈزگەنىدى؛ بۇيرۇلغاندەك، دەل
شۇنداق قىلغانىدى؛ مۇسا بۇلارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت
تىلەپ دۇئا قىلدى.

---

**38:39 «ئالتۇن خۇشبۇيگاھ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئالتۇن قۇربانگاھ».

**41:39** مىس. 10:31

# ئىبادەت چېدىرىنىڭ تىكلىنىشى

40 1 ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق ئەمر قىلدى: ــ
2 بىرىنچى ئاينىڭ بېشى، ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى سەن
جامائەت چېدىرىنىڭ مۇقەددەسخانىسىنى تىكلىگىن. 3 ھۆكۈم-
گۇۋاھلىق ساندۇقىنى ئۇنىڭ ئىچىگە قويۇپ، ئىچكى پەردە ئارقىلىق
ئەھدە ساندۇقىنى توسۇپ قويغىن؛ 4 شىرەنى چېدىرىنىڭ ئىچىگە
ئەكىرىپ، ئۈستىگە تىزىلىدىغان نەرسىلەرنى تىزغىن؛ ئاندىن
چىراغدانىنى ئەكىرىپ، ئۈستىگە چىراغلارنى ئورۇنلاشتۇرغىن.
5 ئالتۇن بىلەن قاپلانغان خۇشبۇي كۆيدۈرگۈچى قۇربانگاھنى ھۆكۈم-
گۇۋاھلىق ساندۇقىنىڭ ئۇدۇلىغا تىكلەپ قويغىن؛ چېدىرنىڭ كىرىش
ئېغىزىنىڭ پەردىسىنى ئېسىپ قويغىن.
6 كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنى مۇقەددەسخانىنىڭ، يەنى
جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئالدىغا قويغىن؛ 7 ئاندىن
يۇيۇش دېسىنى جامائەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا
ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۇ توشتۇرۇپ قويغىن.
8 ھويلىنىڭ چۆرىسىگە پەردىلەرنى بېكىتىپ، ھويلىنىڭ كىرىش
ئېغىزىنىڭ پەردىسىنى ئاسقىن؛ 9 ئاندىن «مەسىھلەش مېيى»نى
ئېلىپ، ئىبادەت چېدىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى
مەسىھلەپ، ئۇنى ۋە بارلىق ھەممە ئەسۋابلىرىنى خۇداغا ئاتاپ
مۇقەددەس قىلغىن. شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل چېدىر مۇقەددەس بولىدۇ.
10 سەن كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بارلىق
ئەسۋابلىرىنى مەسىھلەپ، ئۇنى خۇداغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلغىن؛

2:40 **«مۇقەددەسخانىسى»** ــ دېمەك، چېدىرنىڭ ئۆزى، يەنى «مۇقەددەس جاي» بىلەن «ئەڭ مۇقەددەس جاي».

4:40 **«چىراغلارنى ئورۇنلاشتۇرغىن»** ــ ياكى «چىراغلارنى يېقىپ قويغىن».

**4:40** مىس. 35:26؛ 20:27

5:40 **«خۇشبۇي كۆيدۈرگۈچى قۇربانگاھ»** ــ خۇشبۇيگاھنى كۆرسىتىدۇ.

**5:40** مىس. 36:26

**8:40** مىس. 16:27

بۇنىڭ بىلەن قۇربانگاھ «ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەر» قاتارىدا بولىدۇ.
[11] سەن يەنە يۇيۇنۇش دېسى ۋە ئۇنىڭ تەگلىكىنى مەسىھلەپ مۇقەددەس قىلغىن. [12] ئاندىن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىن ئەكىلىپ، ئۇلارنى سۇ بىلەن يۇغىن؛ [13] ھارۇنغا مۇقەددەس كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ماڭا كاھىنلىق خىزمەتتە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى مەسىھلەپ، ماڭا ئايرىپ مۇقەددەس قىلغىن.
[14] ئاندىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارغا خالتا كۆڭلەكلەرنى كىيدۈرۈپ، [15] ئۇلارنىڭ ئاتىسىنى مەسىھلىگىنىڭدەك ماڭا كاھىنلىق خىزمىتىدە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ مەسىھلىگىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ مەسىھلىنىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئەبەدىي كاھىنلىقنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.
[16] مۇسا شۇنداق قىلدى؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا نېمە بۇيرۇغان بولسا، ئۇ شۇنداق بەجا كەلتۈردى.
[17] شۇنداق بولدىكى، ئىككىنچى يىلىنىڭ بىرىنچى ئېيىدا، ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە ئىبادەت چېدىرى تىكلەندى.
[18] مۇسا چېدىرنى تىكىپ، تەگلىكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاختايلىرىنى تىزىپ، ئۇلارنىڭ بالداقلىرىنى بېكىتىپ، خادىلىرىنى تىكلىدى. [19] مۇقەددەس چېدىرنىڭ ئۈستىگە ئىچكى يوپۇقنى ياپتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى يوپۇقنى يېپىپ قويدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.
[20] ئاندىن ئۇ ھۆكۈم-گۇۋاھلىقنى ئېلىپ، ئۇنى ساندۇق ئىچىگە قويدى؛ بالداقلارنى ئەھدە ساندۇقنىڭ ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ،

**10:40** مىس. 37:29

**15:40** **« ئۇلارنىڭ ئاتىسىنى مەسىھلىگىنىڭدەك ماڭا كاھىنلىق خىزمىتىدە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ مەسىھلىگىن»** — بۇ ئىشنىڭ، يەنى ھارۇن ۋە ئوغۇللىرىنى مەسىھلەپ كاھىنلىققا تەيىنلەش مۇراسىمىنىڭ تەپسىلاتلىرى «لاۋ.» 8-بابتا خاتىرىلەنگەن.

**17:40** **«ئىككىنچى يىلى»** — دېمەك، مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى ئىككىنچى يىلى.

**17:40** چۆل. 1:7

«كەفارەت تەختى»نى ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇردى.
[21] ئەھدە ساندۇقىنى مۇقەددەس چېدىر ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ،
ئوتتۇرىغا «ئايرىما پەردە»نى تارتتى؛ شۇنداق قىلىپ ئۇ ھۆكۈم-
گۇۋاھلىق ساندۇقىنى پەردە ئارقىلىق توسۇپ قويدى. ھەممە ئىش
پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.
[22] ئۇ شىرەنى جامائەت چېدىرىغا ئېلىپ كىرىپ، مۇقەددەس جاينىڭ
شىمال تەرىپىگە، «ئەڭ مۇقەددەس جاي»دىكى پەردىنىڭ سىرتىغا
قويدى. [23] «تەقدىم نانلار»نى شىرەنىڭ ئۈستىگە، پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىغا تىزىپ قويدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا
بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى. [24] ئاندىن ئۇ چىراغداننى جامائەت چېدىرىغا
ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى مۇقەددەس جاينىڭ جەنۇب تەرىپىگە، شىرەنىڭ
ئۇدۇلىغا قويدى، [25] چىراغلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇردى؛
بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.
[26] ئاندىن ئۇ خۇشبۇينى كۆيدۈرگۈچى ئالتۇن قۇربانگاھنى ئىچىدىكى
پەردىنىڭ ئالدىغا تىكلىدى؛ [27] ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېسىل خۇشبۇينى
كۆيدۈردى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك
قىلىندى.
[28] ئۇ ئىبادەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا پەردە تارتتى. [29] ئاندىن
كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھنى جامائەت چېدىرىدىكى مۇقەددەس
جاينىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىن قويدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ۋە قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسىنى ئۆتكۈزدى؛ بۇلارنىڭ
ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.

---

**20:40 ھۆكۈم-گۇۋاھلىق»** — خۇدا مۇساغا تاپشۇرغان «ئون پەرز» ياكى «ئون ئەمر» پۈتۈلگەن ئىككى تاش تاختاينى كۆرسىتىدۇ (18:31نى كۆرۈڭ).

**21:40** مىس. 12:35

**23:40** مىس. 30:25

**26:40 «خۇشبۇي كۆيدۈرگۈچى ئالتۇن قۇربانگاھ»** — خۇشبۇيگاھنى كۆرسىتىدۇ.

**29:40 «كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى»** — ھەربىر كۆيدۈرمە قۇربانلىققا بىر ئاشلىق ھەدىيەسى قوشۇپ سۇنۇلۇشى كېرەك (مەسىلەن، «چۆل.» 28-29بابلارنى كۆرۈڭ).

[30] يۇيۇنۇش دېسىنى جامائەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى داسقا توشقۇزۇپ قويدى.
[32-31] مۇسا ۋە ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قاچانلا جامائەت چېدىرىغا كىرسە ياكى قۇربانگاھقا يېقىن بارسا، پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قوللىرىنى شۇ سۇدا يۇياتتى. بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىندى.
[33] ئاندىن ئۇ چېدىر ھەم قۇربانگاھنىڭ ئەتراپىغا ھويلا پەردىسىنى تىكلەپ، ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ پەردىسىنى تارتتى. شۇ تەرىقىدە مۇسا پۈتكۈل ئىشنى تاماملىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىنىڭ ئىبادەت چېدىرىنى قاپلىشى

[34] شۇنىڭ بىلەن بۇلۇت جامائەت چېدىرىنى قاپلاپ، پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى ئىبادەت چېدىرىنى تولدۇردى. [35] بۇلۇت سايە چۈشۈرۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى چېدىرنى تولدۇرغىنى ئۈچۈن، مۇسا جامائەت چېدىرىغا كىرەلمىدى.
[36] قاچانكى بۇلۇت جامائەت چېدىرىدىن كۆتۈرۈلسە، ئىسرائىللار سەپەرگە ئاتلىناتتى. ھەربىر قېتىم سەپەردە شۇنداق بولاتتى. [37] بۇلۇت كۆتۈرۈلمىسە ئۇلار قوزغالماي، تاكى كۆتۈرۈلىدىغان كۈنگىچە سەپەرگە چىقمايتتى. [38] چۈنكى كۈندۈزى پەرۋەردىگارنىڭ بۇلۇتى مۇقەددەس چېدىر ئۈستىدە تۇراتتى، كېچىسى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوت كۆرۈنەتتى؛ پۈتكۈل ئىسرائىل جەمەتىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلارنىڭ بارلىق قىلغان سەپەرلىرىدە شۇلار كۆرۈنەتتى.

---

**34:40** چۆل. 15:9؛ 1پاد. 10:8
**38:40** مىس. 21:13؛ چۆل. 14:14؛ قان. 33:1؛ نەھ. 19:9؛ زەب. 14:78؛ 39:105؛ 1كور. 1:10

# قوشۇمچە سۆز

«قوشۇمچە سۆز»دە بىز ئادەتتىكىدەك كىتابتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتىدىغان بەزى ئىشلار ياكى چۈشىنىش تەسرەك بولغان بەزى يەرلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

## مىسىردىكى «18-سۇلالە» ۋە ئۇنىڭ بەزى تارىخىي تەپسىلاتلىرى

مىسىردىكى «18-سۇلالە» «ھىكسوسلار» سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ ئورنىنى باستى. «ھىكسوسلار» شەمنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار شەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان يەھۇدىي قەبىلىلىرىگە ئىلتىپات كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مىسىردىكى «18-سۇلالە»نىڭ تارىخىي تەپسىلاتلىرى مىسىردا بەزى قەدىمكى ئابىدىلەر ۋە پاپىرۇسلاردا (ئارخېئولوگلار تاپقان قەدىمكى ئورام يازمىلاردا) خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تەپسىلاتلىرىنى «مىسىردىن چىقىش»نىڭ تارىخى بىلەن سېلىشتۇرۇش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولىدۇ. شۇ ئابىدىلەر ۋە پاپىرۇسلاردىن بىلىشىمىزچە، «18-سۇلالە» دەۋرىدىكى پىرەۋنلەرنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ تەپسىلاتلىرى تۆۋەندىكىدەك: —

1. ئاقموس (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1570-1546-يىللار).

ئاقموس يەھۇدىيلارغا دوست بولغان «ھىكسوسلار»نى ئاغدۇرغان پادىشاھ ئىدى. شۇڭا ئۇ توغرۇلۇق: «ئۇ ۋاقىتلاردا يۈسۈپنى بىلمەيدىغان يېڭى بىر پادىشاھ مىسىردا تەختكە چىقتى» دەپ خاتىرىلىنىدۇ (8:1)

2. ئامەنخوتەپ I (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1546-1526-يىللار).

ئامەنخوتەپ بەلكىم يەھۇدىي ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش يارلىقىنى چۈشۈرگەن پادىشاھ بولۇشى مۇمكىن (22:1).

3. تۇتموس I (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1526-1512-يىللار). تۇتموس Iنىڭ بىرىنچى خانىشى ئۇنىڭغا «خۇتشەپسۇت» دېگەن بىر قىزنى تۇغۇپ بەردى. تۇتموس I ئۆلگەندىن كېيىن، خۇتشەپسۇتنىڭ ئانا بۆلەك بىر تۇغقان ئىنىسى (تۇتموس II)

تەختكە چىققۇدەك ياشقا كىرگۈچە خۇتشەپسۇت مىسىرغا «مۇۋەققەت پادىشاھ» بولۇپ تۇردى.

ئىشەنچىمىز باركى، مۇسانى بوۋاق ۋاقتىدا دەريادىن سۇزۇۋالغان «پىرەۋننىڭ قىزى» دەل مۇشۇ خۇتشەپسۇت ئىدى. ئۇ قويغان «مۇسا» (ئىبرانىي تىلىدا «موشى») دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسى «سۇدىن تارتىۋالغان» ئىدى؛ ھالبۇكى، مىسىر پادىشاھلىرى (پىرەۋنلەر) پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويغاندا، ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم بىر بۇتىنىڭ نامىغا «موس» ياكى «موشى» دېگەن قوشۇمچىنى قوشۇپ، ئاندىن ئۇنى ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئىسمى قىلاتتى. مەسىلەن، يۇقىرىقى «تۇتموس»نى ئالساق، «تۇت» بىر بۇتنىڭ نامى، «موشى» ياكى «موس» دېگەنلەر بولسا، «سوۋغات» ياكى «تارتۇق» دېگەنلىك بولۇپ، «تۇتموس» دېگەن ئىسىم ««تۇت» بەرگەن ئادەم» دېگەنلىك بولاتتى (ئوقۇرمەنلەر «موس» دېگەن قوشۇمچىنى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ نەسەبنامىسىدىن كۆپ ئۇچرىتالايدۇ). يەنە ئالايلۇق، مىسىرلىقلار قۇياشقا چوقۇناتتى. شۇڭا، «قۇياش» (مىسىر تىلىدا «را») ئۇلارنىڭ بىر بۇتى ھېسابلىناتتى؛ مىسىردا ئۆتكەن پادىشاھ «راموس» ياكى «راموسىس» دېگەننىڭ مەنىسى: «قۇياش بەرگەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

شۇڭا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «مۇسا» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئىككىنچى تەركىبى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئىسمىنىڭ بىرىنچى تەركىبى مىسىرلىقلارنىڭ مەلۇم بىر بۇتىنىڭ نامى بولغاچقا، بۇ قىسمىنى ئېلىۋېتىپ، پەقەت ««موشى» دېگەن قوشۇمچىنى ئۆز ئىسمى قىلىپ ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

4. تۇتموس II (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1512-1504-يىللار).

ئىشىنىمىزكى، تۇتموس II ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلاردا «مۇسا مىسىرلىقلارنىڭ بارلىق بىلىم-ھېكمىتى بىلەن تەربىيىلىنىپ، سۆزدە ۋە ئەمەلدە ئىنتايىن قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇپ چىقتى» («روس.» 20:7).

5. تۇتموس III (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1504-1447-يىللار)

تۇتموس III خۇتشەپسۇتقا ئۆچ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئادەملەرنى ۋە نەرسىلەرنى كۆزىدىن يوقىتىشقا ئۇرۇناتتى. مۇسا شۇ چاغلاردا شاھزادە ھېسابلانغاچقا، ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ مەلۇم بىر «قۇل بېشى»نى ئۆلتۈرۈشى «ھېچ گەپ ئەمەس» ئىدى؛ لېكىن مۇسا خۇتشەپسۇت بىلەن مۇناسىۋەتلىك

بولغاچقا، قۇل بېشىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ چاتاق ئىدى. تۇتموس III خۇتشەپسۇتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قىرىق يىل ھۆكۈم سۈردى؛ مۇسامۇ مۇشۇ ۋاقىتلاردا چۆل ـ باياۋاندا تۇردى.

6. ئامەنخوتەپ II (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1447ـ1425ـيىللار)

ئامەنخوتەپ II بەلكىم مۇسا پەيغەمبەرنىڭ: «پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىنى قويۇپ بەرگىن» دېگەن تەلىپىنى رەت قىلغان، «مىسىردىن چىقىش»تا تەسۋىرلىنىدىغان «كۆڭلى قاتتىق، جاھىل پىرەۋن» دەل شۇ بولسا كېرەك. ئىسرائىللار ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتا مىسىردىن چىققان بولسا كېرەك.

7. تۇتموس IV (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1425ـ1417ـيىللار).

تۇتموس IV مىسىرنىڭ تارىخنامىسى بويىچە ئامەنخوتەپ IIنىڭ «تۇنجى ئوغلى» ئەمەس ئىدى. ئامەنخوتەپ IIنىڭ «تۇنجى ئوغلى»نىڭ نېمە بولغانلىقى «مىسىردىن چىقىش»نى ئوقۇغان بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە ئاياندۇر.

8. ئامەنخوتەپ III (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1417ـ1379ـيىللار)

ئامەنخوتەپ III ئاجىز بىر پادىشاھ بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن «قانائان زېمىنى» قولىدىن چىقىپ كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتلاردا يەشۇئا پەيغەمبەر قانائان زېمىنىغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلىگەندى.

9. ئامەنخوتەپ IV (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1379ـ1361ـيىللار)

ئامەنخوتەپ IVمۇ ئاجىز بىر پادىشاھ ئىدى، ئۇ سىرتتىكى ھېچقانداق ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلمىغان؛ ئۇنىڭ دەۋرىدە «باتۇر ھاكىملار» ئىسرائىللار تۇرغان پەلەستىنگە ھۆكۈم سۈرۈشنى باشلىغانىدى.

## «مىسىردىن چىقىش» 3:14ـ15، 3:6
## خۇدانىڭ «ياھۋەھ» دېگەن ئالاھىدە نامى ـ «مەن ئۆزۈمدۇرمەن» «ئەزەلدىن بار بولغۇچىمەن»

«ياھۋەھ» دېگەن نامنى ئادەتتە «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. مۇشۇ 3:6ـئايەتتە خۇدا مۇساغا ئۆزىنى ئاشكارا قىلغاندىن كېيىن: «مەن ئىبراھىمغا، ئىسھاققا ۋە ياقۇپقا قادىر ـ مۇتلەق تەڭرى سۈپىتىدە كۆرۈندۇم؛ لېكىن

«ياھۋەھ» دېگەن نامىم بىلەن ئۇلارغا ئاشكارا تونۇلمىدىم» دېگەن سۆزلىرىنى ئوقۇغان سەگەك ئوقۇرمەنلەر بەلكىم سەل ھەيران قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇغانلار بۇ ئۈچ ئاتىمىزنىڭ خۇدانىڭ نامىنىڭ «ياھۋەھ» ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ (مەسىلەن، «يار.» 7:12، 8، 22:14، 22:26-25، 13:28). ئەمدى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپ كەچۈرمىشلىرىدە دەرۋەقە خۇدانى كۆپرەك «ھەممىگە قادىر» دەپ تونۇغان ــ دېمەك، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ زور، ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەن. ھالبۇكى، خۇدانىڭ «ياھۋەھ» دېگەن نامىنىڭ مەنىسى ئۇلارغا تېخى تولۇق ئايان بولمىغان. چۈنكى «مەن ئۆزۈمدۇرمەن» دېگەنىنىڭ ياكى «ئەزەلدىن بار بولغۇچىمەن» دېگەن بۇ نام خۇدانىڭ (ئا) ئۆزگەرمەس تەبىئىتىنى؛ (ئە) ئۆز ئەھدىسىگە مۇتلەق سادىق بولىدىغانلىقىنى، يەنى «ئۆز ئەھدىسىدە تۇرغۇچى خۇدا» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. خۇدانىڭ خاراكتېرىنىڭ بۇ ئىككى تەرىپى پەقەت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەنلا ئىسپاتلىنىپ كۆرسىتىلىشى مۇمكىن. مۇسا پەيغەمبەر دەل شۇ ئىشنى ئىسپاتلىغانكى، ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ دەۋرىدىن تۆت يۈز يىل كېيىنكى مۇسانىڭ دەۋرىدىمۇ خۇدانىڭ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپ بىلەن باغلىغان ئەھدىلىرى يەنىلا پۈتۈنلەي ئىناۋەتلىك بولىدۇ. ئادەملەر ئۆزىنىڭ قىلغان ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ، ئەمما خۇدا ھەرگىز ئۆزى ئېيتقان بىرمۇ سۆزنى ياكى ئۆز ئالدىدا ئېيتقاد بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق ئىلتىجانىڭ بىرمۇ سۆزىنى ئۇنتۇمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ۋە شۇ دەۋردىكىلەر خۇدانىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى كۆرمىگەن بىر تەرىپىنى بىلىپ ئىسپاتلاشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

## 2:3-22 «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»

بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق ئوقۇرمەنلەر «تەبىرلەر»نى كۆرسۇن.

## 4:24-26

«ئەمما مۇسا سەپەر قىلىپ بىر قونالغۇغا كەلگەندە، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئۇچراپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى».

بۇ ئايەت، شۈبھىسىزكى، ئوقۇرمەنلەرگە ئىنتايىن غەلىتە تۇيۇلۇشى كېرەك؛ خۇدا مۇسانى چاقىرىپ ئۇنى مىسىرغا قايتقۇزغاندىن كېيىن نېمىشقا ھازىر «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى»؟

بۇ ئىشتا ئايان قىلىندىغان ھەقىقەت ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ خۇدادىن قورقۇش يولىنى توغرا ئىگىلىشىمىز ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتنى تولۇق بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ؛ مۇسا پەيغەمبەر بۇ ھەقىقەتنى ئۆز خەلقىگە ئۆگىتىشتىن ئىلگىرى، ئۆزى ئۇنى بۇ دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق يولدا ئوبدان ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى.

مۇسا مىسىرلىق شاھزادە سۈپىتىدە بېقىپ چوڭ قىلىنغان بولسىمۇ، دەسلەپتە ئۆز ئانىسى تەرىپىدىن ئېمىتىلگەن، ئەمچەكتىن ئايرىلغان شۇنداقلا چوڭ قىلىنىپ تەربىيە كۆرگەن (ئانىسى بۇ ئىش ئۈچۈن پىرەۋننىڭ قىزى تەرىپىدىن ئىش ھەققى ئالاتتى! ـــ «مىس.» 2:9-10). شۇڭا مۇسا ئۆز ئانىسىدىن، يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا يەھۇدىي خەلقىنىڭ خۇدا ئىبراھىمغا ئەھدە بىلەن بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىنغا مىراسخورلار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بىلگەن بولسا كېرەك؛ ۋە يەنە شۇ ئەھدىنىڭ ھۆرمىتىنىڭ بەلگىسى ۋە سىمۋولى سۈپىتىدە ئىسرائىلدا تۇغۇلغان ھەربىر ئوغۇل بالا سەككىزىنچى كۈنىدە سۈننەت قىلىنىشى كېرەك، دەپ ئۆگەنگەن بولسا كېرەك.

«مىسىردىن چىقىش» 4-بابتىن كۆرۈندۇكى، مۇسا پەيغەمبەر ئوغۇللىرىدىن بىرىنى (بەلكىم ئىككىنچى ئوغلى ئەلىئېزەرنى) سۈننەت قىلماي، خۇداغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان بولسا كېرەك. بەلكىم ئايالى زىپپوراھ يەھۇدىي بولمىغىنى ئۈچۈن دەسلەپتە مۇسانىڭ شۇنداق قىلىشىغا قارشى چىققان بولۇشى مۇمكىن (4:25-26). ئۇنىڭ مۇسادىن ئاچچىقلىنىپ ئېيتقان سۆزلىرىگە قارىغاندا («سەن دەرۋەقە ئالدىمدا قان تۆكەر بىر ئەر ئىكەنسەن!»)، زىپپوراھ سۈننەت قىلىشنى قانلىق ھەم ئەھمىيەتسىز بىر مۇراسىم دەپ قارىغان بولسا كېرەك.

ئەمدى خۇدا مۇسانى ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇشقا چۆل-باياۋاندا چاقىرغىنىدا نېمىشقا ئۇنى شۇ ئىشنى قىلمىغانلىقى توغرۇلۇق ئەسلەتمىدى؟ بەلكى، نېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى تۇسۇپ، ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى»؟ بۇ بەكمۇ غەلىتە كۆرۈنمەمدۇ؟

بۇ ئىشتا خۇدانىڭ مۇتلەق پاك-مۇقەددەسلىكىنىڭ ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆز خەلقىنى تەربىيلەشكە سادىق بولغانلىقىنىڭ بىر قىسمىنى غىل-پال كۆرۈپ قالىمىز؛ ئۇنىڭ خەلقىگە قىلغان تەربىيسى بولسا ئۇلارنىڭمۇ پاك-مۇقەددەس بولۇشى ئۈچۈندۇر. بۇ پاك-مۇقەددەسلىكىنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ بارلىق سۆز-كالامىغا پۈتۈنلەي كۆڭۈل بۆلۈشىمىزدىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە خۇدا مۇسا پەيغەمبەرنى سىناپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغان ئۆزىنىڭ سۆز-كالامىنى قەدىرلەيدىغان ياكى قەدىرلىمەيدىغانلىقىنى كۆزىتىۋاتاتتى. بۇ ئىش خۇددى خۇدا مۇساغا: «مەن ساڭا مەلۇم بىر ئىشنى بىرلا قېتىم ئېيتسام، كۇپايە بولماسمۇ؟» ياكى «ھەممە ئەمرىمنى ساڭا بىۋاستە دېيىشىم كېرەكمۇ؟» دېگەندەك بولاتتى. ئەمما مۇسا پەيغەمبەر شۇ ۋاقىتقىچە ئۆز ھاياتىدىكى قىلغان ھەممە ئىشنى توغرا دەپ قاراپ كەلگەن بولسا كېرەك ــ بەلكىم: «خۇدا ئۆزى ماڭا كارامەت بىر ۋەزىپىنى ئامانەت قىلغان ئەمەسمۇ، شۇڭا ھەممە ئىشىم مۇكەممەلدۇر» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

مۇسا ئايالى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلىدۇ. ئايالى ئوغلىنىڭ سۈننىتىنى ئۆزى ئۆتكۈزىدۇ. بىز شۇنى ئېنىق كۆرىمىزكى، خۇدانىڭ «ئۆلتۈرمەكچى بولغىنى» مۇسانىڭ ئايالى ئەمەس، بەلكى مۇسانىڭ ئۆزىدۇر؛ شۇڭا يەنە كۆرىمىزكى، خۇدا بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىپپوراھدىن ئەمەس، بەلكى مۇسادىن سورايدۇ. مۇسا پەيغەمبەر ئۆز ئائىلىسىدە پەيدا بولغان بۇ ئىتائەتسىزلىككە مەسئۇل ئىدى.

شۇنىڭدەك، خۇدانىڭ ئائىلىسى بولغان جامائەت ئۈچۈن مەسئۇلىيەتكە مۇيەسسەر قىلىنغان كىشىلەر خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا ئىتائەت قىلىشقا مۇتلەق كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، شۇنداقلا ھېچقانداق باشباشتاقلىق قىلماسلىقى ياكى ئىشنى ئاددىي چاغلىماسلىقى كېرەك: ــ «كىمگە كۆپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى كۆپ بولىدۇ. چۈنكى ئادەملەر كىمگە كۆپ ئامانەت قويغان بولسا، ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىدىغىنىمۇ كۆپ بولىدۇ» («لۇقا» 48:12).

شۇڭا بىز تۆۋەندىكى خۇلاسىلەرگە كەلسەك بولىدۇ: ــ

(ئا) ھەرقانداق شەخس، ھەتتا پەيغەمبەرمۇ خۇدانىڭ يولىيورۇقى بىلەن، شۇنداقلا خۇدانىڭ بەرىكىتىنى كۆرگەن ھالدا مەلۇم بىر ئىشنى ئىجرا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە باراۋەر بولمايدۇ. خۇدادىن كەلگەن

بەخت-بەرىكەتنىڭ ئۆزى شۇنى كۆرگۈچى ئادەمنىڭ ھەممە ئىشنى كەم-كۈتىسىز دەپ ئىسپاتلىغان بولمايدۇ.

(ئە) شۇڭا، گەرچە ئۆز ھاياتىمىزدا خۇدادىن بەخت-بەرىكەتنى ياكى ئىلتىپات (جۈملىدىن خۇدانىڭ ئالاھىدە يوليورۇقىنى قوبۇل قىلىپ) كۆرۈۋاتقان بولساقمۇ، «ھەممە ئىشىمىز دۇرۇستۇر» دەپ ئويلاپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك («1كور.» 4:4نى كۆرۈڭ). شۇنىڭ بىلەن بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا «ھەر تەرەپتە كەمتەر بولۇپ» («روس.» 19:20) ۋە توغرا بولسا باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ («ياق.» 17:3). ھەتتا روسۇللارمۇ بەزىدە ئىشلارنى خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ («گالاتىيلىقلارغا» 2:11-14).

## مىسىر زېمىنىغا چۈشكەن ئاپەتلەر - «مىسىرنىڭ بۇت-ئىلاھلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش» (12:12)

خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە مىسىرلىقلارنىڭ بۇتلىرى توغرۇلۇق ئىنتايىن قىزىق بىر سۆز قىلىدۇ: - «چۈنكى مەن ئۇ كېچىسى مىسىر زېمىنىنى كېزىپ ئۆتىمەن؛ مەن مىسىر زېمىنىدا مەيلى ئىنسان بولسۇن، مەيلى ھايۋان بولسۇن ئۇلارنىڭ تۇنجى تۇغقان ئەركىكىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن مەن مىسىرنىڭ بارلىق بۇت-ئىلاھلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىمەن؛ مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن» (12:12)

بۇ ئىش توغرىسىدا خۇدا كېيىن يەنە مۇساغا ئەسلىتىدۇ: -

«بۇ چاغدا مىسىرلىقلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى، يەنى بارلىق تۇنجى ئوغۇللىرىنى دەپنە قىلىۋاتاتتى؛ پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنىڭ مەبۇدلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چۈشۈردى» («چۆل.» 4:33).

مۇقەددەس يازمىلاردىكى تەلىملەردىن شۇنى بىلىمىزكى، بۇتلار ياكى «ئىلاھلار» ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇردىن ياكى جىن-شەيتانلارنىڭ ئالدامچىلىقىدىن چىققان نەرسىلەردۇر. ئۇنداقتا خۇدا قايسى جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن «ھۆكۈم چىقىردۇ»؟

بۇ، شۈبھىسىزكى، «ئالدامچىنىڭ سالاھىيىتىنى پاش قىلىش»، «تەسىرلىرىنى يوقىتىش» «بۇتپەرەسلىكنىڭ ئەخمەقانىلىكىنى ئاشكارا قىلىش» دېگەنلىك بولسا كېرەك

بىلىشىمىزچە، مىسىرلىقلار سەكسەندىن كۆپ بۇت-ئىلاھقا چوقۇناتتى. ئۇلار ھەربىر بۇت-ئىلاھ كائىناتنىڭ مەلۇم بىر دائىرىسىنى باشقۇرىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ دائىرە شۇ بۇت-ئىلاھنىڭ «ھۆكۈمرانلىقى» بولاتتى. ئىنجىلدا جىن-شەيتانلارنىڭ شۇنداق دائىرىسى چەكلىك «ھۆكۈمرانلىق»لىرىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ (مەسىلەن، «مات.» 29:24، «رىم.» 38:8، «ئەف.» 13:3، 12:6، «كول.» 15:2نى كۆرۈڭ). لېكىن خۇدا مىسىرغا چۈشۈرگەن ئون بالايىئاپەتنىڭ ھەربىرى مىسىرلىقلارنىڭ مەلۇم بىرنەچچە بۇتلىرىنىڭ «ھۆكۈمرانلىق»لىرىنىڭ يوق بولغانلىقىنى ياكى خۇدانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. مۇشۇ يەردە سەھىپە چەكلىمىسى بولغاچقا، بۇنى تەپسىلىي كۆرسەتمەيمىز، لېكىن تۆۋەندىكى ئۈچ مىسال بۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ: -

(ئا) 1-ئايەت، يەنى نىل دەرياسىنى قانغا ئايلاندۇرۇش تۆۋەندىكى بۇتلارغا «تەسىر يەتكۈزدى»: -

«نىل دەرياسىنى قانغا ئايلاندۇرۇش» دېگەن ئايەت «ئىلاھ» دەپ قارالغان نىل دەرياسىغا، «نىل دەرياسىنى مۇداپىئە قىلغۇچى ئىلاھ» دەپ قارالغان «كنۇ» دېگەن بۇتقا، «نىل دەرياسىنىڭ روھى» دەپ قارالغان «ھاپى» دېگەن بۇتقا، نىل دەرياسى «ئۇنىڭ قېنى» دەپ قارالغان «ئوسىرىس» دېگەن بۇتقا ۋە نىل دەرياسىنىڭ «تىمساھ ئىلاھ»ىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن «ھۆكۈم چىقارغان» - مەسىلەن، نىل دەرياسىدىكى بارلىق تىمساھلار ئۆلگەن ياكى دەريادىن ھەيدىۋېتىلگەن بولسا كېرەك.

(ئە) 5-ئايەت، يەنى مىسىرلىقلارنىڭ چارپايي ماللىرىغا چۈشۈرۈلگەن ۋابا؛ بۇ تۆۋەندىكى بۇتلارغا «تەسىر يەتكۈزدى»: -

«تاھ» دېگەن ئىلاھنىڭ ۋەكىلى بولغان، مۇقەددەس دەپ قارالغان «ئاپىس» دېگەن بۇقا؛ «را» دېگەن «كاتتىۋاش ئىلاھ»نىڭ ۋەكىلى بولغان مۇقەددەس دەپ قارالغان «نەۋىس» دېگەن بۇقا؛ «نون» دېگەن بۇتقا ۋەكىل بولغان مۇقەددەس دەپ قارالغان قوچقار. بۇ بۇتلارنىڭ ۋەكىلى بولغان بۇ ھايۋانلار دائىم ئېتىزلاردا بېقىلغاچقا، شەكسىز ۋابا بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

(ب) 9-ئايەت، يەنى قاراڭغۇلۇق ئاپىتى. بۇ مىسىرلىقلارنىڭ «ئاسمانلار ۋە ھاۋا رايىنى باشقۇرغۇچى» دەپ قارالغان كۆپ بۇتلىرىغا، بولۇپمۇ «كاتتىۋاش ئىلاھ»، يەنى «قۇياش ئىلاھى» بولغان «را»غا تەسىر يەتكۈزگەن بولسا كېرەك. پىرەۋن «رانىڭ ئوغلى» دەپ قارىلاتتى.

بۇ يولدا مىسىرلىقلار قەدەممۇ-قەدەم ئاسمان-زېمىننى ياراتقان ھەقىقىي خۇدانى تونۇشقا يېتەكلەندى. بۇ باشلىنىش جەريانى ئاۋۋال ئۇلارغا ئانچە ئېغىر ئازاب كەلتۈرمىدى. ئاۋۋالقى ئۈچ ئاپەت بولسا ھەممە ئادەمگە تەسىر يەتكۈزدى؛ تۆتىنچى ئاپەتتىن باشلاپ خۇدا ئۆز خەلقىنى مىسىرلىقلاردىن پەرق ئېتىپ، ئاپەتلەر پەقەت مىسىرلىقلارغا چۈشتى. مىسىرلىقلارنىڭ توۋا قىلىپ ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا ئېتىقاد قىلىشىغا ئۇلارغا ئېنىق بىر پۇرسەت يارىتىپ بېرىلسۇن دەپ، شۇ يولدا ئاپەتلەر تەدرىجىي قاتتىق دەرىجىگە يەتتى.

5:20 «سەن بۇنداق نەرسىلەرگە باش ئۇرما ياكى ئۇلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرمە ياكى ئۇلارغا خىزمەت قىلما. چۈنكى مەنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ۋاپاسىزلىققا ھەسەت قىلغۇچى خۇدادۇرمەن. مەندىن نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئۆزلىرىگە، ئوغۇللىرىغا، ھەتتا نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە چۈشۈرىمەن».

## بالىلار ئۆز ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن مۇشۇ يەردە: «مەندىن نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئۆزلىرىگە، ئوغۇللىرىغا... چۈشۈرىمەن»، شۇنداقلا «ھەتتا نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

مۇقەددەس كىتابتىكى «جازا» دېگەن سۆزنىڭ ھەرخىل مەنىسى ئۇستىدە ئويلىنىش پايدىلىق ئىشتۇر. مۇقەددەس كىتابنىڭ ھەر يەرلىرىدىن روشەنكى، خۇدانىڭ بىزنىڭ گۇناھىمىز ئۈستىگە ئادىل، تېگىشلىك بولغان بىرلا جازاسى بولسا دوزاختۇر — بۇ خۇدادىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن مەھرۇم بولۇش دېگەنلىك، بۇ يەنە «مەڭگۈلۈك ئۆلۈم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (ھەر جايدا پات-پات تەكرارلىنىمىزدەك، خۇش خەۋەر

شۇكى، بىزدە كەچۈرۈم-مەغپىرەت ۋە نىجات پۈرستى بولسۇن دەپ، ئەيسا مەسىھ ھەممىمىزنىڭ بارلىق گۇناھىمىزنىڭ جازاسىنى ئۆز تېنى ۋە روھىدا كۆتۈرۈپ قوبۇل قىلغان).

«مىس.» 20:5تە «قەبىھلىكلىرىنى... چۈشۈرۈش» (ئىبرانىي تىلىدا «پاخاد»)نىڭ كۆپ تەرەپلىك مەنىسى بار: ــ ئاساسىي مەنىسى «يوقلاش»تۇر. خۇدا بىزنى «يوقلىسا»، تۇۋا قىلمىغان بولساق نەتىجىسى «جازا» بولىدۇ؛ تۇۋا قىلغان بولساق «يوقلاش»نىڭ نەتىجىسى بەخت-بەرىكەت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەتتە «يوقلاش»نىڭ مەنىسى چوقۇم «جازا»نى ئىپادىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ جازا تولۇق بولسا، نەتىجىسى باللار ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دوزاختا چۈشۈشى كېرەك ئىدى. ئۇنداقتا ھېچقايسىمىزدا ئۈمىد يوق بولاتتى. بىراق «جازا» بەزى ۋاقىتلاردا تولۇق مەنىسىدە ئەمەس، ئايرىم مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۇ «تەربىيە»نىڭ مەنىسىدە بولۇشى مۇمكىن؛ مەسىلەن، ئاتا ئۆز باللىرىنى تەربىيە ئۈچۈن جازالىغىنىدا: «بالامنى قانداق جازالىسام بولار؟» دەپ ئويلىمايدۇ، بەلكى «قانداقلا جازا بولسا ئۇنىڭغا ساۋاق، تەربىيە بولسۇن؟» دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇقەددەس كىتابنىڭ كۆپ يەرلىرىدە «جازا» شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، شۇ يەرلەردە «جازا» خۇدانىڭ ئادەمنى دوزاختا چۈشۈرىدىغانلىقىنى،يەنى «گۇناھقا تېگىشلىك ۋە ئادىل بولغان جازا»سىنى كۆرسەتمەيدۇ

ئەمدى «مىسىردىن چىقىش» 5:20گە كەلسەق، ئاتىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ بەزى نەتىجىلىرىنى باللىرىغا چۈشىدۇ دېگىلى بولىدۇ. بىزنىڭچە تۆۋەندىكى خۇلاسىلەرگە كېلىشكە توغرا كېلىدۇ: —

(1) ئاتىنىڭ گۇناھلىرى باللارغا شۇ تەرەپتە تەسىر يەتكۈزىدۇكى، باللار ئاتىنىڭ گۇناھلىرىنى كۆرۈپ ئۇلارنى دورىسا، ئاتىلىرىغا بولغان جازا بولىدۇ؛ شۇ يولدا بەزى چاغلاردا ئاتىلار باللىرى ئارقىلىق ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجە-مېۋىسىنى كۆرىدۇ ۋە تېتىيدۇ، ھەمدە قىلمىشلىرىنىڭ يىرگىنچلىكىنى كۆرۈپ، تۇۋا قىلىشى مۇمكىن.

(2) ئاتىنىڭ گۇناھلىرى باللارغا شۇ تەرەپتە تەسىر يەتكۈزىدۇكى، باللار بۇ دۇنيادا ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن جاپا تارتىدۇ. مەسىلەن، بىر ھاراقكەش دادا بولسا، ئۇ پۇلنى ھاراققا بۇزۇپ چاچسا، باللىرى ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەزاكىيال پەيغەمبەر بۇنىڭغا بىر مىسال بولىدۇ ــ ئۆز خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇ ئامالسىز سۈرگۈن بولغان («ئەزاكىيال»

1-بابنى ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ). باشقا مىساللاردىن يەنە ئىككىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەۋرات، «2سام.» 12:1-25، ۋە «يەش.» 39:5-8 ئايەتلەرنىمۇ كۆرۈڭ. بىرىنچى مىسالدىن، ناتان پەيغەمبەرنىڭ داۋۇت پەيغەمبەرنى گۇناھلىرى ئۈچۈن ئەيىبلىگىنىنى، گۇناھلىرىنىڭ ئاقىۋىتى، جۈملىدىن داۋۇتنىڭ يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋىقىنىڭ دۇنيادىن كەتكىنىنى كۆرىمىز. ئىككىنچى مىسالدىن ھەزەكىيا پادىشاھنىڭ تەكەببۇرلىشىپ كەتكىنىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە يەتكۈزگەن زىيانلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

(3) ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە، ئەزاكىيال پەيغەمبەرنىڭ: «ئوغۇل ئاتىسىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ، ۋە ياكى ئاتا ئوغلىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ» (« ئەز.» 18:20) دېگەن بايانى خۇدانىڭ مۇساغا ئېيتقان سۆزىنىڭ پۈتۈنلەي تەربىيە بېرىش، توغرا يولغا باشلاش يولىدا ئېيتىلغىنىنى ئايان قىلىدۇ. «ئەز.» 18:20دە بولسا «جازا» ئۆزىنىڭ تولۇق مەنىسىدە، يەنى روھىي، مەڭگۈلۈك ھايات-مامات جەھەتتە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. ئاتىنىڭ گۇناھلىرى ئوغلىنىڭ توۋا قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىپ يېتىشىگە توسالغۇ بولمايدۇ ۋە شۇنىڭدەك، ئۇنىڭغا توۋا قىلماسلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق باھانە بولالمايدۇ. ئوغۇل ئۆز گۇناھىغا توۋا قىلسا، ئۇنىڭ خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشىغا، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشىگە ھېچقانداق توسالغۇ مەۋجۇت ئەمەس. «گۇناھ سادىر قىلغۇچى جان ئىگىسى ئۆلىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى «ئەز.» 33:8دە ئىزاھلىغىنىمىزدەك، جىسمانىي جەھەتتىكى ئۆلۈمدىن باشقا يەنە بىر ئۆلۈمنى كۆرسىتىشى كېرەك. ھەممىمىز ئۆلىمىز ــ بىراق شۇ چاغدا بىز خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆلسەك، بۇ ھەقىقەتەن بىر پاجىئەدۇر، مەڭگۈلۈك ئۆلۈمدۇر. ئوخشاشلا «رەزىل كىشى بارلىق گۇناھلىرىدىن يېنىپ توۋا قىلىپ، مېنىڭ بارلىق بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇپ، ئادىللىق ھەم ئادالەتنى يۈرگۈزگەن بولسا، ئۇ جەزمەن ھايات بولىدۇ، ئۇ ئۆلمەيدۇ» («ئەز.» 18:21) ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ئايەتلەردىمۇ كۆرسىتىلگەن «ھايات» پەقەت «ئۆلۈمدىن ئامان قېلىش» ياكى «تۇرمۇشىنىڭ داۋامى» ئەمەس، بەلكى «ئالىي دەرىجىدىكى بىر ھايات»نى، «ھەقىقىي ھايات»نى كۆرسىتىشى كېرەك. بۇ دەل ئىنجىل بىزگە يەتكۈزگەن تەلىم: «مانا مەڭگۈلۈك ھايات ــ ئۇ بولسىمۇ، سەن ھەقىقىي خۇدانى ھەم سەن ئەۋەتكەن ئەيسا مەسىھنى تونۇشتىن ئىبارەتتۇر»

(«يۇھ.» 3:17). مەڭگۈلۈك ھايات جىسمانىي ئۆلۈم بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىمانىنىڭ پەيدا بولغان دەقىقىسى بىلەن باشلىنىدۇ؛ ئۇ پەقەت «ياشاشنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋامى»لا ئەمەس، بەلكى تىرىك خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ھەقىقەتتىن بىلىمىزكى، خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە ئېيتقان «قەبىھلىكنى... چۈشۈرۈش»ى پەقەت ۋاقىتلىق، جىسمانىي بىرخىل ھۆكۈم-جازانىڭ دائىرىسىدىلا چەكلىنىدۇ. «ئىككىنچى، ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى ئەۋلادلار»دا، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن تۇۋا قىلىش نىيىتى بولغانلارغا بۇ جىسمانىي جازالار چەكلىنىشى ياكى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى مۇمكىن – ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، مەسىھ بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلگۈچە، خۇدا بىلەن ھەقىقىي ئالاقىدە بولۇپ ھايات ئۆتكۈزۈش يولى بارلىق ئىنسانلارغا ئىزچىل ئوچۇق تۇرىدۇ.

## «قاناائانىيلارنى يوق  قىلىڭلار» دېگەن ئەمر توغرۇلۇق

«مېنىڭ پەرىشتەم سېنىڭ ئالدىڭدا مېڭىپ، سېنى ئاموربيلار، ھىتتىيلار، پەرىززىيلەر، قاناائانلار، ھىۋىيلار ۋە يەبۇسلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ كىرىدۇ؛ مەن بولسام ئۇلارنى يوقىتىمەن. ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا باش ئېگىپ ئىبادەت قىلما، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى دورىما، بەلكى ئۇلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ئۇرۇپ چېقىۋەت» («مىس.» 23:23-24، «قان.» 7-بابنىمۇ كۆرۈڭ).

تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئوقۇيدىغان ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ بېشى بەزىدە شۇ نۇقتا توغرۇلۇق قايمۇقۇپ قالىدۇ. ئىنجىلدا رەب ئەيسا مەسىھ بىزگە ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزگىمۇ مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، دەپ بۇيرۇغان يەردە، تەۋراتتا «مىسىردىن چىقىش»تىكى مۇشۇ يەردە نېمىشقا ئىسرائىللارغا مۇشۇ ئادەملەرنى يوقىتىڭلار، دەپ بۇيرۇلغان؟ نېمىشقا تەۋراتنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ شۇنداق بۇيرۇق كۆرۈلىدۇ؟ خۇدانىڭ ئىرادىسى زادى نېمە؟ ئۇنداق بۇيرۇق زالىملىق ئەمەسمۇ؟

بۇنداق سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىز ئاۋۋال قاناائانلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئىسرائىللارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ: –

## (ئا) قانائانىيلارنىڭ ئەھۋالى

تۆت يۈز يىل ئىلگىرى خۇدا ئىبراھىمغا قانائان زېمىنىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دېگەنىدى: —

«پەرۋەردىگار ئابرامغا: جەزمەن بىلىشىڭ كېرەككى، سېنىڭ نەسلىڭ ئۆزلىرىنىڭ بولمىغان بىر زېمىندا مۇساپىر بولۇپ، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ قۇللۇقىدا بولىدۇ ۋە شۇنداقلا، بۇ خەلق ئۇلارغا تۆت يۈز يىلغىچە جەبىر-زۇلۇم سالىدۇ. لېكىن مەن ئۇلارنى قۇللۇققا سالغۇچى شۇ تائىپىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىمەن. كېيىن ئۇلار نۇرغۇن بايلىقلارنى ئېلىپ شۇ يەردىن چىقىدۇ. ئەمما سەن بولساڭ، ئامان-خاتىرجەملىك ئىچىدە ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قوشۇلىسەن؛ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىنىسەن. لېكىن شۇ يەردە تۆت ئەۋلاد ئۆتۈپ، نەسلىڭ بۇ يەرگە يېنىپ كېلىدۇ؛ چۈنكى ئامورىيلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ تېخى زىخى توشمىدى» («يار.» 15:15-17).

«ئامورىيلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ تېخى زىخى توشمىدى» ياكى «ئامورىيلارنىڭ قەبىھلىكى تېخى توشمىغانىدى» دېگەن سۆزلەر بىزگە، گەرچە زېمىندىكىلەرنىڭ گۇناھى شۇ زاماندا ناھايىتى ئېغىر بولغىنىنى بىلەن، خۇدا ئۇلارنىڭ بېشىغا ھۆكۈمىنى چۈشۈرگۈچە ئۇلارغا تېخى تولۇق قىلغۇدەك ۋاقىت بەرمەكچى ئىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەردە «قەبىھلىكىنىڭ زىخى توشقان» بولسا، ئۇنداقتا ئىنسان گۇناھقا تولغان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئاخىر بېرىپ خۇدا ئالدىدا توۋا قىلىپ قىلمىشلىرىنى تۈزىتىش پۇرسەتلىرىنى رەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا خۇدانىڭ ئىبراھىمغا بولغان بۇ سۆزى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كەلگۈسى بىر زاماندا ئۇ بۇ رەزىل قەبىلىلەرنى (ئامورىيلار قانائانىيلار قەبىلىلەرنىڭ كاتتابېشىدۇر) زېمىندىن، شۇنداقلا يەر يۈزىدىن يوقاتماقچى ئىدى.

بىز «قانائانىيلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى قانداق ئىدى؟» دەپ مۇقەددەس كىتابنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن ئىزدىسەك ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتتىن تەكشۈرسەك، نەتىجىسى ئوخشاش چىقىدۇ؛ ئۇلار دەرۋەقە «ۋەھشىي ئىلاھلارغا»

چوقۇنغۇچىلار بولۇپ، بۇتپەرەسلىككە باغلىق ھەرخىل نەپرەتلىك ۋە يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلاتتى، جۈملىدىن ئىنسانلار (بولۇپمۇ ئۆز باللىرى)نى قۇربانلىق قىلاتتى. بۇتخانىلىرىدا ھەرخىل پاھىشىۋازلىق ۋە بەچچىۋازلىق ئۆتكۈزۈلەتتى (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ھەرخىل ساقايماس جىنسىي كېسەللىكلەر تارقالغان ئىدى)، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەرخىل زۇلۇم-رەھىمسىزلىكتىن ئايرىلمايتتى. شۇنداق بىر خەلق خۇدانىڭ خەلقى ئىسرائىلنى بۇلغاپلا قالماي، بەلكى يىرگىنچلىكلىكىنى پۈتكۈل دۇنياغا يۇقتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. ياخشى بىر تاشقى كېسەل دوختۇرى ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېنىدىن ئۆلۈك ئەتلىرىنى كېسىۋەتكىنىدەك، خۇدامۇ شۇ كىشلەرنى دۇنيادىن كېسىۋەتمەكچى ئىدى؛ ئىسرائىل بولسا ئۇنىڭ پىچىقى بولاتتى.

## (ئە) ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالى: -

تەۋرات دەۋرىدىكى خۇدانىڭ ئىسرائىلغا تاپىلىغان بارلىق ئەمرلىرى توغرۇلۇق توختالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ نىجاتىنى تېخى تولۇق كۆرمىگەن بىر خەلق ئىكەنلىكىنى يادىمىزدا تۇتۇشىمىز كېرەك. شۇڭا تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن ئەمرلەر بەلكىم خۇدانىڭ كۆڭلىدىكىدەك مەقسەت-مۇددىئالىرىنى تولۇق بىلدۇرۇپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن؛ بەلكى ئۇ كۆڭلى قاتتىق بىر خەلق قوبۇل قىلغۇدەك، ئۇلارغا نىسبەتەن مۇمكىن بولىدىغان، ئۇلار ئادا قىلالىغۇدەك ئەمرلەرنى تاپشۇرغان. بۇ ئىش رەببىمىزنىڭ «مات.» 3:19-9-ئايەتتە «تالاق بېرىش» توغرۇلۇق بولغان سۆزلىرىدە ئېنىق چۈشەندۈرۈلىدۇ، بولۇپمۇ 7-8-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن بۇ مىسالدا: -

«پەرىسىيلەر ئۇنىڭدىن يەنە: -

ئۇنداقتا، مۇسا پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىدا ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا تالاق خېتىنى بەرسىلا ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ، دەپ بۇيرۇغان؟ - دەپ سوراشتى.

ئۇ ئۇلارغا: -

تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن مۇسا پەيغەمبەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان؛ لېكىن ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا بۇنداق ئەمەس ئىدى» - دېدى».

خۇداغا مىڭ تەشەككۈر، «يېڭى ئەھدە» تۈزۈلۈشى بىلەن، يەنى ئۆز روھىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە چەكسىز ئۈلتىپاتى بىلەن، خۇدانىڭ بارلىق ئەمرلىرىگە، جۈملىدىن «سىلەرگە دۈشمەنلىك بولغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، سىلەردىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار» («ماتتا» 5-بابنى كۆرۈڭ) دېگىنىگە ئەمەل قىلىشقا ئۈرغۈپ چىقىدىغان يېڭى قەلبلەر ۋە يېڭى روھلار باردۇر. مانا بۇ «يېڭى ئەھدە»دىكى پاك-مۇقەددەسلىكتۇر. «كونا ئەھدە»دىكى پاك-مۇقەددەسلىك» بولسا باشقىچە ئىدى ــ خۇدا ئۆز خەلقىنى بۇلغىغۇچى ئامىللاردىن ساقلىنىشقا ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرخىل «قاشا» سېلىشى كېرەك. قانائانىيلارنى زېمىندىن چىقىرىۋېتىش ھەم كېيىن ئۇلارنىڭ ئىسرائىل زېمىنىنىڭ سىرتىدىكى قالدۇقلىرى بىلەن ھېچقانداق باردى-كەلدى قىلماسلىقى بولسا، ئىسرائىلنى مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىگىچە ئايرىم ساقلايدىغان مۇشۇ «قاشا»نىڭ دەل كېرەك بولغان بىر قىسمى ئىدى.

بىز «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىن نەقىل كەلتۈرىمىز: ــ

«مەسىھنىڭ كېلىشى بىلەن بۇ «قاشا» كېرەكسىز بولغانىدى؛ ئىسرائىل مەسىھ تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلغان بولسا، يەنە تائىپە قوشنىلىرىنىڭ بۇلغىغۇچى تەسىرلىرىگە بېقىنىپ كېتىشى مۇمكىن بولمايتتى؛ ئەكسىچە، ئۇلار تولۇپ تاشقان پاك-مۇقەددەس مۇھەببەت بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن بولاتتى. شۇنچە پاسكىنىلىق ئارىسىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلاردا پاك-مۇقەددەس تۇرۇۋېرىدىغان بىرخىل پاك-مۇقەددەسلىك بار بولاتتى؛ ھەرقانداق ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت ئارىسىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلاردا مېھرىبانلىق تۇرۇۋېرىدىغان بىرخىل مۇھەببەت بار بولاتتى (شۇڭا ھازىر بارلىق ئېتىقادچىلارغا، يەھۇدىي بولسۇن، يەھۇدىي بولمىسۇن، ھېچقانداق «قاشا» كېرەك ئەمەس)».

لېكىن كونا ئەھدە دەۋرىدە، يەنى تەۋرات دەۋرىدە بولسا (خۇدانىڭ روھى تېخى ئاتا قىلىنمىغاچقا)، شۇنداق بىرنەچچە «قاشا» بولغان ئەمرلەر ئىنتايىن كېرەك ئىدى («قاشا» بولغان ئەمرلەرنىڭ ئەڭ قاتتىقى «قانائانىيلارنى قىرىڭلار، ھەيدىۋېتىڭلار» دېگەندەك ئەمرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى). لېكىن بۇلار ھازىر دەرۋەقە مەسىھنىڭ مۇھەببەت ۋە كۈچ-قۇدرەتكە تولغان يۈكسەك ئەمرلىرى تەرىپىدىن بىكار قىلىنغاندۇر؛ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇلاردا ماكايىلى!

## مۇسا پەيغەمبەر سىناي تېغىغا زادى قانچە قېتىم چىقىپ-چۈشكەن؟

بىز ھېسابلاپ بەش قېتىم دەيمىز: –

(1) تاغنىڭ باغرىغا بېرىپ، خۇدانىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلايدۇ (3:19)
(2) خۇدا بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىدۇ؛ خەلق بولسا تاغنىڭ تۈۋىدە تۇرىدۇ (17:19، 20)
(3) خۇدا ھەممەيلەنگە «ئون پەرز»نى چۈشۈرگەندىن كېيىن، خەلق مۇسادىن ئۆزلىرىگە ۋەكىل بولۇپ، خۇداغا يېقىنلىشىشنى ئۆتۈنىدۇ. مۇسا پەرۋەردىگاردىن بىرنەچچە تەپسىلىي ھۆكۈم-بەلگىلىمىلەرنى تاپشۇرۇۋالىدۇ (19:20-33:23).
(4) مۇسا، ھارۇن، ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى خۇدا تەرىپىدىن تاغقا چاقىرىلىدۇ. مۇسا ئاۋۋال خۇدانىڭ خەلق بىلەن باغلىغان ئەھدىسىنى خەلقنىڭ قوبۇل قىلغىنىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قان سېپىدۇ، ئاندىن ھارۇن قاتارلىقلار بىلەن تاغ ئېتىكىگە كېلىدۇ. خۇدا ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ھۆكۈم-بەلگىلىمىلەر، شۇنداقلا تاش تاختايلارنى قوبۇل قىلىشقا تېخىمۇ يۇقىرىغا چىقىشقا چاقىرىدۇ (1:24-12). ئۇ تاغنىڭ باغرىغىچە، چوققىسىغا يېقىن چىقىدۇ (16:24-17) ئاندىن تاغنىڭ چوققىسىدا خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدۇ (18:24). ئۇ شۇ يەردە قىرىق كۈن تۇرىدۇ؛ خۇدا ئۇنىڭغا «مۇقەددەس چېدىر»نىڭ تەپسىلاتلىرىنى ھەم ئۇنىڭ شەكىل-نۇسخىسىنى كۆرسىتىدۇ (25-31-بابلار، «ئىبر.» 5:8).
(5) قىرىق كۈندىن كېيىن خۇدا مۇساغا: ــ خەلقنىڭ ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ، بۇتلارغا چوقۇنۇپ كەتتى، دەپ خەۋەرلەندۈرىدۇ. ئۇ تاغدىن چۈشىدۇ ۋە دەرۋەقە خەلقنىڭ دەل شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ غەزەپلىنىپ، ئىككى تاش تاختاينى ئېتىپ چېقىۋېتىدۇ. مۇسا خەلق ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ، ئاندىن خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە گۇۋاھچى بولۇشقا يەنە بىر قېتىم تاغقا چاقىرىلىدۇ (32-33-بابلار). بۇ قېتىم ئۇ ئۆزى ئىككى تاش تاختاينى ئويۇپ چىقىدۇ (لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھېچنەرسە پۈتمەيدۇ). ئۇ تاغدا تۇرۇۋاتقىنىدا خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئالدىدىن ئۆتىدۇ. مۇسا يەنە بىر قېتىم خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن كۆپرەك ھۆكۈم-

بەلگىلىمىلەرنى تاپشۇرۇۋالدى (34:1-27). ئۇ يەنە ھېچ يېمەي-ئىچمەي قىرىق كۈن تۇرغاندىن كېيىن، تاغدىن يېنىپ چۈشىدۇ؛ خۇدا يەنە تاش تاختايلار ئۈستىگە «ئون پەرز»نى يازىدۇ (34:28-35).

شۇ كۈنلەردە مۇسا پەيغەمبەر سەكسەن كۈندىن ئارتۇق ھېچنېمە يېمىگەن ۋە ئىچمىگەنىدى.

## خۇشبۇيگاھنىڭ رولى

(1) ئادەتتە خۇشبۇيگاھ «ئەڭ مۇقەددەس جاي»دىكى پەردىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى (5:40). ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئۇنىڭ ئۈستىدە خۇشبۇي كۆيدۈرۈلەتتى.

(2) يىلدا بىر قېتىم «كافارەت كۈنى»دە، باش كاھىن «ئەڭ مۇقەددەس جاي» ئىچىگە كىرىشتە، ئۇنىڭدا كۆپرەك خۇشبۇي كۆيدۈرەتتى. شۇ يول بىلەن خۇشبۇيدىن بىر بۇلۇت چىقىپ، «كافارەت تەختى»نى قاپلايتتى («لاۋ.» 12:16-13). شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەلۇم جەھەتتىن «خۇشبۇيگاھ» «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا تەۋە دەپ قارىلىدۇ («ئىبر.» 4:9، «ۋەھ.» 3:8).

## مىسىردىن قۇتقۇزۇلۇش ـ مەڭگۈلۈك نىجاتنى كۆرسىتىدىغان «بېشارەتلىك رەسىم»

ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن قۇتقۇزۇلۇشى ھەم چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ «ۋەدە قىلىنغان زېمىن»غا بارىدىغان سەپىرى ئىنجىلدا ۋە تەۋراتنىڭ ئۆزىدىمۇ مەسىھدە بولغان ئەبەدىي نىجاتنى كۆرسەتكۈچى «بېشارەتلىك رەسىم» سۈپىتىدە كۆپ يەرلەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلاردىكى ئوخشايدىغان يەرلەر ئىنتايىن كۆپتۇر؛ تۆۋەندە بىز پەقەت ئەھمىيەتلىك، ئىبرەتلىك سېلىشتۇرمىلاردىن بەزىلىرىنى كۆرسەتمەكچىمىز. ئاۋۋال بىز مۇسا پەيغەمبەر بىلەن مەسىھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىغا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ باقايلى: ــ

## مۇسا پەيغەمبەر «ئىسرائىلنى قۇتقۇزغۇچى» سۈپىتىدە كەلگۈسىدىكى «مەسىھ»نى كۆرسەتكەن بېشارەت بولىدۇ

مۇسانىڭ (ھاياتىدا) مەسىھنى كۆرسەتكەن بېشارەتلىك يەرلىرى تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (باشقىلارمۇ بار): –

(1) مۇسا پەيغەمبەر «ئىسرائىلنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» بولۇپ، ئۇ تۇغۇلغاندا ئاتا-ئانىسىغا خۇدانىڭ ۋەھىيسى بىلەن خۇدانىڭ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئالاھىدە بالا دەپ تونۇلغان («مىس.» 2:2، «ئىبر.» 23:11).
مەسىھ «دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» بولۇپ، تۇغۇلغاندا ئاتا-ئانىسى، شۇنداقلا كۆپ خەلقلەرگە خۇدانىڭ ۋەھىيسى بىلەن خۇدانىڭ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئالاھىدە بالا دەپ تونۇلغان («مات.» 2:2-12، «لۇقا» 1:2-39).

(2) «قۇتقۇزغۇچى مۇسا» تۇغۇلغاندا دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، لېكىن خۇدا ئۇنى ئالاھىدە ساقلىدى («مىس.» 1:22-2:10).
قۇتقۇزغۇچى مەسىھ تۇغۇلغاندا دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئىزدىگەن، لېكىن خۇدا ئۇنى ئالاھىدە ساقلىدى («مات.» 2:13-18).

(3) مۇسا پەيغەمبەر قىرىق ياشقا كىرگەندە خۇدانىڭ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇشقا ئۆزىنى چاقىرغىنىنى چۈشەندى («روس.» 23:7).
مەسىھ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىن تارتىپلا (ئەمەلىيەتتە، ئەزەلدىنلا) كۆڭلىدە خۇدانىڭ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇشقا ئۆزىنى چاقىرغىنىنى بىلەتتى («زەب.» 9:22-10، «يەش.» 1:49، 5).

(4) مۇسا پەيغەمبەر ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇشقا مىسىردىكى ئوردىنىڭ شۆھرەت-بايلىقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولدى («ئىبر.» 23:11).
مەسىھ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇشقا ئەرشلەرنىڭ بايلىقلىرى ۋە شان-شەرىپىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولدى («فىل.» 5:2-8، «يۇھ.» 14:1، «2كور.» 9:8).

(5) مۇسانىڭ خۇدانىڭ ئادىمى بولغانلىقى ئاسماندىن چۈشكەن بىر ئاۋاز بىلەن تەستىقلانغان («مىس.» 19:19)

مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئاسماندىن چۈشكەن بىر ئاۋاز بىلەن تەستىقلانغان («مات.» 17:3، 5:17، «يۇھ.» 28:12)

(6) ئىسرائىل مۇسا پەيغەمبەرنى، يەنى خۇدا تەرىپىدىن ئۇلارنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇشقا ھەم ئۇلارنى ئامان-خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈشكە ئەۋەتىلگۈچىنى چەتكە قاقتى («مىس.» 11:2-14، «روس.» 19:7-29). ئۇلارنىڭ چەتكە قېقىشىنىڭ نەتىجىسىدە، مۇسا چۆل-باياۋاندا ئازاب تارتىدۇ.

ئىسرائىل مەسىھنى، يەنى خۇدا تەرىپىدىن ئۇلارنى گۇناھدىن قۇتقۇزۇشقا ھەم ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ئامان-خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈشكە ئەۋەتىلگۈچىنى چەتكە قاقتى («مات.» 42:21، «مار.» 31:8، 10:12، «لۇقا» 22:9، 14:12، 42:19، «روس.» 14:3). ئۇلارنىڭ چەتكە قېقىشىنىڭ نەتىجىسىدە، مەسىھ ئەڭ دەھشەتلىك ئۆلۈمنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

(7) ئىسرائىل تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغاندىن كېيىن، مۇسا پەيغەمبەر ئۇلاردىن ئايرىلىدۇ، ئۇزۇن ۋاقىت (40 يىل) ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يەھۇدىي بولمىغان بىر قىزنى قۇتقۇزىدۇ ۋە ئۇنى ئەمرىگە ئالىدۇ («مىس.» 15:2-22).

ئىسرائىل تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغاندىن كېيىن، مەسىھ ئۇلاردىن ئايرىلدى، ئۇزۇن ۋاقىت (ھازىرغىچە تەخمىنەن 1980 يىل) ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسى (ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا) ئۈزۈلدى. بۇ ۋاقىت داۋامىدا ئۇ كۆپ قىسىم يەھۇدىي بولمىغانلاردىن بولغان جامائەتنى قۇتقۇزدى ۋە قۇتقۇزىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى «قىز سۆيۈملۈكتەك» «ئۆز ئەمرىگە» ئېلىپ كەلمەكتە («روس.» 14:15، «رىم.» 11:11، «كول.» 27:1، «ئەف.» 22:5-32، «ۋەھ.» 2:21، 9).

(8) مۇسا خەلققە بولغان مۇھەببىتى بىلەن، خەلقىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنى دەپ خۇدادىن ئايرىلىپ لەنەت بولۇشقا تەييار بولغان («مىس.» 30:32-34)

مەسىھ پۈتكۈل دۇنياغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن، دۇنيادىكى خەلقنىڭ گۇناھلىرىنى

ئۆز ئۇستىگە ئېلىپ، ئۇلارنى دەپ خۇدادىن ئايرىلىپ لەنەت بولۇشقا تەييار بولغان ۋە دەرۋەقە شۇ يولدا ئۆزىنى قۇربانلىق قىلدى («2كور.» 18:5»).

(9) بۇ ئۆزۈن ۋاقىتتىن كېيىن مۇسا پەيغەمبەر مىسىر زېمىنىغا قايتىپ، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن نۇرغۇن ئالامەت-كارامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ ئىسرائىل تەرىپىدىن خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى دەپ تونۇلىدۇ ۋە ئۇلارنى پىرەۋننىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزىدۇ.

زامانىنىڭ ئاخىرىدا مەسىھ ئىسرائىل تەرىپىدىن تونۇلىدۇ («زەك.» 12:10-1:13)؛ ئۇ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن نۇرغۇن ئالامەت-كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ بۇ دۇنياغا قايتىپ، ئىسرائىلنى گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى يوقاتماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇتقۇزىدۇ (مەسىلەن، «زەكەرىيا» 12-باب ۋە 1:14-9نى كۆرۈڭ).

## ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن قۇتقۇزۇلۇشى ـ ئۇ مەڭگۈلۈك نىجاتنى كۆرسىتىدىغان بىر «بېشارەتلىك رەسىم»

ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرى: –

(1) ئىسرائىل ئاۋۋال مۇتلەق ئاجىز ۋە ئۈمىدسىزلىك ھالەتكە چۈشۈپ، ئاندىن پەرۋەردىگارغا نىدا قىلىدۇ («مىس.» 23:2).

ئادەملەر ئۆز ئاجىزلىقىنى تونۇپ، ئۈمىدسىزلىكتىن رەبگە نىدا قىلىدۇ؛ ئىنسانلار پەقەت شۇنداق ھالەتكە چۈشكەندە گۇناھدىن قۇتقۇزۇلۇشتىن بولغان نىجاتقا ئېرىشىدۇ («روس.» 38:2-39 «رىم.» 12:10-13).

(2) ئىسرائىل قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى مۇسا پەيغەمبەرگە پۈتۈنلەي ئىشىنىشى كېرەك ئىدى.

ئىنسانلار گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى مەسىھگە پۈتۈنلەي ئېتىقاد قىلىشى كېرەك.

(3) ئسرائلنڭ مۇسا پەيغەمبەرگە بولغان ئشەنچى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقلق سنالدى («مس.» 1:5-21).

ئشەنگۈچلەرنڭ مەسھگە ھەقىقي ئمان-ئشەنچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنڭ ئېتقادى ئازاب-ئوقۇبەت ئارقلق سنلدۇ («مات.» 21:3، 9:24، «روس.» 22:14، «1تېس.» 6:1، «2تېس.» 5:1، «2تم» 12:3)

(4) ئسرائلنڭ قۇتۇلۇشى قوزىنڭ قېنى ئارقلق ۋۇجۇدقا چقتى («مس.» 3:12-13).

ئنسانلارنڭ گۇناھدن قۇتۇلۇشى «خۇدانڭ قوزسى»، يەنى مەسھنڭ قېنى ئارقلق ۋۇجۇدقا چقدۇ («يۇھ.» 29:1، «1كور.» 7:5-8، «ۋەھ.» 14:7).

(5) پۈتۈن ئسرائل قوزىنڭ گۆشنى («ئاچچق-چۈچۈك كۆكتات ۋە پېتر نان بلەن») يېيشى كېرەك ئدى («مس.» 8:12-13).

پۈتكۈل جامائەت مەسھنى يېيشى كېرەك («يۇھ.» 31:6-35، 48-63، «1كور.» 7:5-8).

(6) ئسرائل قۇللۇقتن قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن برخىل «ئۆلۈم»دن، يەنى «قزىل دېڭز»دن ئۆتۈشى كېرەك ئدى. بۇ ئۆتۈشنى برخىل «چۆمۈلدۈرۈلۈش» دېگلى بولدۇ؛ كېيىن روسۇل پاۋلۇس بۇ «چۆمۈلدۈرۈلۈش»نى ««بۇلۇت ھەم دېڭز»نڭ ۋاستسى بلەن پىرەۋننڭ قۇللۇقدن «مۇسانڭ يېتەكچلكگە ئۆتۈش» دەيدۇ («مس.» 19:14-31، «1كور.» 1:10-2). دېمەك، بۇ «چۆمۈلدۈرۈلۈش» ئۇلارنى مۇسا پەيغەمبەر بلەن يېڭى برخىل مۇناسۋەتكە كرگۈزدى؛ مۇسا پەيغەمبەر خۇدانڭ يوليورۇقى ئاستدا ئۇلارغا باش، يېتەكچى ۋە يار-يۆلەكچى بولدى.

خۇدانڭ جامائتى گۇناھنڭ قۇللۇقدن مەسھنڭ ئۆلۈمنڭ ۋاستسى («قزىل دېڭز» ئەيسانڭ قېنغا ياكى ئۆلۈمگە ۋەكلللك قلدۇ) بلەن ۋە مۇقەددەس روھنڭ قۇچ-قۇدرتى («بۇلۇت» مۇقەددەس روھقا ۋەكلللك قلدۇ) بلەن «شەيتاننڭ قۇللۇقدن» «مەسھ ئەيساغا كرشكە چۆمۈلدۈرۈلۈپ» قۇتقۇزۇلدۇ («يۇھ.» 3:3-5، «رىم.» 3:6-4، «1كور.» 13:12، «كول.» 11:2-12).

(7) ئىسرائىل قىزىل دېڭىزدىكى «ئۆلۈم»ى بىلەن دۈشمىنى بولغان پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىنىڭ كۈچىدىن مەڭگۈگە خالاس قىلىنىپ قۇتقۇزۇلدى.

مەسىھنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ۋە شۇنداقلا بىزنىڭ ئۇنىڭ شۇ ئۆلۈمى ئىچىگە ئېلىنىشىمىز بىلەن ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى بولغان «بۇ دۇنيانىڭ هۆكۈمدارى»، يەنى شەيتاندىن، شۇنداقلا قوشۇنلىرى بولغان بارلىق جىنلارنىڭ كۈچىدىن مەڭگۈگە خالاس قىلىنىپ قۇتقۇزۇلدى («كول.» 2:11-12، «ئىبر.» 2:14-15، «1يۇھ.» 3:8).

هازىر شەيتان ۋە بارلىق جىنلارنىڭ مەسىھگە ئېتىقاد قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۈستىدىن ھېچقانداق هوقۇقى ياكى باشقۇرۇش كۈچى يوقتۇر («لۇقا» 10:19، «ئەف.» 2:1-7، بولۇپمۇ 2-ئايەتنى كۆرۈڭ). ھالبۇكى، بىز «ئىبلىسقا ھېچقانداق ئورۇن قويۇپ بەرمەسلىك»ىمىز كېرەك («ئەف.» 4:27) ۋە دائىم «ئىبلىسنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرىگە تاقابىل تۇرۇشى»مىز لازىمدۇر («ئەف.» 6:11).

(8) خۇدانىڭ قۇدرىتلىك قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق ئىسرائىل ئۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر ئالاقىگە كىردى؛ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا («مۇقەددەس چېدىر»دا) ماكان قىلدى ۋە كاھىنلىرى ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشاتتى.

مەسىھنىڭ زور نىجاتى ئارقىلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلار خۇدا بىلەن يېڭى بىر ئالاقىگە كىرىدۇ؛ ئۇ ئۆز روھى ئارقىلىق ئۇلار ئارىسىدا ھەم ئىچىدە ماكان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ «باش كاھىن»ى بولغان مەسىھ ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىۋاتىدۇ («ئەف.» 2:19-22، «ئىبر.» 4:14-16، 12:18-28).

(9) ئىسرائىلنىڭ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ياشىشى ئۈچۈن ئۇلارغا يېڭى بىر قانۇن-تۈزۈم بېغىشلاندى؛ بۇ قانۇن-تۈزۈم ئەھدە سۆپىتىدە تاشلارغا پۈتۈلدى («مىس.» 19-23-بابلار).

خۇدانىڭ جامائىتى مەسىھنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا پۈتۈنلەي يېڭى بىر قانۇن ياكى توغرىراق ئېيتقاندا يېڭى بىر قانۇنىيەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ قانۇنىيەت سىرتتىكى مەلۇم بىرخىل ئۆلچەمگە يېتىشكە تىرىشىشتىن ئىبارەت ئەمەس («رىم.» 2:29، 6:7، «2كور.» 3:6)، بەلكى ئىچىدىكى يېڭى بىر ھاياتنىڭ كۈچى ۋە تۈرتكىسى، يەنى

خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىگە پۈتكەن بىر ئەھدىسى بىلەن بولىدۇ: – «چۈنكى مەسىھ ئەيسادا بولغان ھاياتلىقنى بەخش ئېتىدىغان روھنىڭ قانۇنىيىتى ئادەمنى گۇناھقا ۋە ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان قانۇنىيەتتىن بىزنى خالاس قىلدى» («رىم.» 1:8-4، «2كور.» 3-باب).

## مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالىدىن ئېلىنغان بەزى ساۋات-ساۋاقلار

مۇسانىڭ تەرجىمىھالىدىن ئىنتايىن مۇھىم بىر روھىي پرىنسىپنىڭ سۈپەتلەنگىنىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇ روسۇل پاۋلۇس تەرىپىدىن بايان قىلىنىدۇ: –
«بەلكى خۇدا دانالارنى خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئەخمەق سانالغانلارنى تاللىۋالدى؛ كۈچلۈكلەرنى خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئاجىز سانالغانلارنى تاللىۋالدى؛ ئۇ يەنە بۇ دۇنيادىكى قەدىرسىزلەرنى، پەس كۆرۈلىدىغانلارنى تاللىۋالدى، «يوق بولغان نەرسىلەر»نى مەۋجۇت شەيئىلەرنى يوققا چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تاللىۋالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى خۇدا ئالدىدا ھېچ ئەت ئىگىسى ماختانماسلىق ئۈچۈندۇر. ... شۇنىڭدەك تەۋراتتا پۈتۈلگەندەك: «پەخىرلىنىپ ماختىنغۇچى بولسا رەبدىن پەخىرلىنىپ ماختانسۇن!»» («1كور.» 1:27-29، 31).

خۇدا ئۆز قۇلىنى مىسىرغا قايتا ئەۋەتىشتىن بۇرۇن «چۆلنىڭ ئەك چېتىدە» (1:3) قىرىق يىل يوشۇرۇن تۇرغۇزۇشىغا بەلكىم ھەيران قېلىشىمىز مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ئۇ (مۇسا) ئۆز خەلقىگە ياردەملىشىش نىيىتىدە بولغاندا، ئۇلارنىڭ چەتكە قېقىشىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى؛ ئۇنىڭغا نىسبەتەن پىرەۋنىڭ ئوردىسىدا ئۆزلەشتۈرگەن بارلىق بىلىم-ھېكمەتلىرى «چۆلنىڭ ئەك چېتىدە» پايدىسىزدەك كۆرۈنەتتى؛ خەلقنى قۇتقۇزۇشتەك ئۇلۇغ بىر ئىشنىڭ ئورنىغا، ئۇ چۆلدىكى قويچىلارنىڭ جاپالىق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈپ، ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى قويلاردىن خەۋەر ئالماقتا ئىدى. ئۇ بىھۇدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىنى ئويلىغىنىدا ۋە ئۆز خەلقىنى دەپ ئۆگەنگەن بىلىم-ھېكمەت، ئوردىدىكى ھوقۇق ۋە ھۆرمەت-شۆھرەتنى تاشلىۋەتكىنىنى ئەسلىگىنىدە، ئۇلارنىڭ

ھەممىسى مۇتلەق ىبكارغا كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇشقا باغلىغان ئۈمىدىمۇ يوققا چىققاندەك قىلاتتى.

روسۇل پاۋلۇس بايان قىلغان پرىنسىپقا يەنە قارايدىغان بولساق، خۇدا كارامەت ئۇلۇغ بىر ئىشنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسەتمەكچى بولسا، ئۇ بۇ ئىش ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر ۋاستىچى تېپىشى كېرەك، دەپ بىلىمىز. لېكىن شۇ ۋاستىچى دائىم دېگۈدەك ئۆزىنى «ئاجىز»، دەپ بىلىدىغان، باشقىلار تەرىپىدىن «قەدىرسىز»، «پەس كۆرۈلىدىغان»، ھەتتا «ئەلنىڭ نەزىرىدە يوق» دەپ ھېسابلانغان بىر ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۆزىنى «دانا»، «كۈچلۈك» دەپ سانايدىغان ئادەم بولسا بولمايدۇ. بولمىسا، خۇدا نىيەت قىلغان بۇ ئىش ئادا قىلىنغاندا، ۋاستىچى ئادەم: «مەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ بىر ئىشنى قىلدىم-ھە!» دەپ ئويلىشى، ياكى بۇ ئىشنى كۆرگەنلەر «پالانچى-پوكۇنچى قالتىس ئىكەن، ئۇ كارامەت بىر ئىشنى قىپتۇ!» دېيىشى مۇمكىن. خۇدانىڭ ۋاستىچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن، ئىنسان ئاجىز («2كور.» 12:9-10، 13:3-4)، يەنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ياكى كۈچىگە تايانمايدىغان بولۇشى كېرەك («فىل.» 3:3-8)؛ ئۇنىڭ تايانچىسى پەقەت پەرۋەردىگار ئۆزىدۇر، ئۇنىڭ ئىشەنچ-ئۈمىدى پۈتۈنلەي پەرۋەردىگاردا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تامام بولغاندا ئۇ شان-شەرەپنى پۈتۈنلەي پەرۋەردىگارنىڭكىدۇر دەپ بىلىدۇ ــ ۋە باشقا ئادەملەرمۇ شۇنى بىلىدۇ ــ «پەخىرلىنىپ ماختىنىغۇچى بولسا رەبدىن پەخىرلىنىپ ماختانسۇن!».

مۇسا پەيغەمبەر چۆل-باياۋاندا ئۇزۇن يىللارنى ئۆتكۈزگەچكە، ئۇ خۇدا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كۆرگەن شۇنداق «قەدىرسىزلەر» ياكى «ئەلنىڭ نەزىرىدە يوقلار»دىن بولغان بىر ۋاستىچى بولۇپ چىقتى. ئۇ خۇدانىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىگىنىدە، ئۆزىنىڭ كۆرگەن چوڭقۇر تەربىيىسى ۋە ئۆگەنگەن بىلىمىگە تايانمىدى. بۇنداق دېگىنىمىز خۇدا مۇسانى پىرەۋنىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزغىنىدا، ئۇ كۆپ يىل بۇرۇن ئۆزلەشتۈرگەن تەربىيە ۋە بىلىمنى ئىشلەتمىدى، دېگەنلىكىمىز ئەمەس؛ پەقەت مۇسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئۇلۇغ قۇتقۇزۇشىنى: «ئۆزۈمنىڭ قابىلىيىتى ياكى ھېكمىتىدىن بولغان» دەپ ھېسابلىمايتتى. لېكىن مۇسا خەلقىنى «شامال ھۇۋلايدىغان دەھشەتلىك باياۋان»دىن باشلاپ ماڭغاندا («قان.» 10:32)، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ چۆلدە ئۆتكۈزگەن قىرىق يىللىق «مەنىسىز كۈنلىرى»نىڭ تەجرىبىسىنىڭ پايدىسى چىقىپ، خېلى كارغا كەلدى.

ئەمەلىيەتتە، مۇسانىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن بولسا، «مەن خۇدانىڭ ئىشىغا يارىمايمەن» دېگەندەك بىرخىل ئىشەنچسىزلىك ئىدى («مىس.» 4:10-17).

ئاخىر بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى شۇ تۈگۈنى يېشىلدى؛ ئۇ هامان تەجرىبىسىنى ياكى بىلىمىنى «تايانچ» قىلماي، پەقەت خۇداغىلا تاياندى.

## خۇدانىڭ مۇقەددەس قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى ئاتا قىلىشىنىڭ «مۇقەددەس چېدىر» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

خۇدانىڭ خەلقنى قۇتقۇزۇش تەرتىپى بىزنى ئۇنىڭ يوللىرىنى خېلى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ: ــ

(ئا) خەلقنىڭ كۆتۈرگەن نالە-پەريادىنى ئاڭلاپ ئۇلار ئۇچۇن بولغان كۆيۈمچانلىقىنى كۆرسىتىشى (4:31)

(ئە) ئۇلارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇشى (5-15-بابلار) ھەمدە ئۇلارنى چۆل-باياۋاندا ئامان-ئېسەن ساقلاپ، ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەك تەمىنلىشى بىلەن ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىشى (16-18-بابلار)

(ب) ئۇلارغا مۇقەددەس قانۇنىنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇتلەق ھەققانىي ھەم پاك-مۇقەددەس خاراكتېرىنى ئايان قىلىشى (19-24-بابلار)

(پ) ئىسرائىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماكان قىلىشقا بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارغا «ماڭا بىر چېدىر قۇرۇڭلار» دەپ ئەمر قىلىشى (25-31-بابلار). كېيىن مۇسا خۇداغا مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئەگەر سەن ئۆزۈڭ بىز بىلەن بىللە ماڭمىساڭ، بىزنى بۇ يەردىن چىقارمىغايسەن» (33:14-15).

مۇشۇ تەرتىپتە بىز خۇدانىڭ نىجاتتا بولغان مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى، يەنى ئاخىر بېرىپ ئۆز خەلقىنىڭ قەلبلىرىدە ماكان قىلىشتىن ئىبارەت تەشناسىنى كۆرەلەيمىز. بىزنىڭ خۇدانى تونۇش، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىزگە بولغان مەڭگۈلۈك مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى تونۇپ يېتىش يولى كۆپىنچە ئۇچۇن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئىسرائىلنىڭ خۇدانىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇش يولىغا ئوخشاش تەرتىپتە بولىدۇ: ــ

(ئا) بىز ئۇنىڭغا نالە-پەرياد كۆتۈرسەك، ئۇنىڭ بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى تونۇشقا باشلايمىز؛

(ئە) ئۇ بىزنىڭ پەرىيادىمىزنى ئاڭلاپ، كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ
(ب) ئۇ ئۆزىنىڭ پاك-مۇقەددەس خاراكتېرى توغرۇلۇق بىزگە ئۆگىتىدۇ.
(پ) ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەت «بىز بىلەن بىللە» ئەمەس، بەلكى «بىزدە، قەلبىمىزدە» ماكان قىلىشتىكى مۇددىئا-مەقسىتىنى بىزگە ئايان قىلىدۇ («يۇھ.» 17:14)
(ت) ئۇنىڭ مۇقەددەس روھى قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالغاندا، ئۇنىڭ مۇددىئا-مەقسىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ!

## «مۇقەددەس چېدىر»نىڭ «بېشارەتلىك سىخېمىسى»

روسۇل پاۋلۇسنىڭ «رىم.» 4:15، «كورىنتلىقلار (1)» 11:10 ۋە «كول.» 16:2-17دىكى بايانلىرى بويىچە تەۋراتتا بارلىق خاتىرىلەنگەن ئىشلار ئىنجىل دەۋرىدىمۇ خۇدانىڭ خەلقى ئۈچۈن كۆپ ئىبرەت-ساۋاقلارنى بېرىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار بىز مەسىھدە مۇيەسسەر بولغان بەخت-بەرىكەت ۋە ئىمتىيازلارنى ئالدىنئالا كۆرسەتتى. «ئىبرانىيلار»نىڭ مۇئەللىپىمۇ «مۇقەددەس چېدىر»نى بۈگۈن ئېتىقاد ئارقىلىق بىزگە نېسىپ بولغان ئەرشتىكى ئەمەلىيەتلەرنىڭ نۇسخىسى ياكى سايىسىدۇر، دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ («ئىبر.» 9:1-5، 23، 10:1-2).

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چېدىرنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىنىڭ (ھەتتا «ھويلىنىڭ خادىلىرى»نىڭ ئاتمىش مىس تەگلىكىدىن تارتىپ «ئۆچكە تىۋىتىدىن ئىشلەنگەن يوپۇق»نىڭ ئىككى پارچىسىنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان «ئەللىك مىس ئىلمەك»كىچە (ئۆز ۋاقتىدا تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان)، ھەممىسىنىڭ مەسىھدە بولغان نىجاتنى ئالدىنئالا ئايان قىلىدىغان بىرخىل روھىي ئەھمىيىتى بار، دەپ ئىشىنىمىز. ئىنجىلنىڭ بىرنەچچە قىسىملىرىدا ئوقۇرمەن بۇ «بېشارەتلىك سىخېما»نىڭ بەزى جەھەتلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى كۆرەلەيدۇ.

«بېشارەتلىك سىخېما»نىڭ ئەڭ ئېنىق ۋە مۇھىم تەرىپى بولسا ئىنتايىن ئاددىيدۇر؛ مۇقەددەس چېدىردا بىرىنچىدىن خۇدانىڭ ھۇزۇرى «ئاپئاق بىر تام» بىلەن، يەنى ھويلىسىنىڭ پەردىسى بىلەن توسالغان. پەردە بەش گەز ئېگىزلىكتە بولغاچقا، ئىنسان ھويلىنىڭ ئىچىنى كۆرەلمەيتتى. شۈبھىسىزكى، ھويلىسىنىڭ شۇ ئېگىز ئاق كاناپ رەختلىك پەردىسى خۇدانىڭ مۇتلەق ھەققانىيلىقىنى كۆرسىتىدۇ ــ ئىنسان

ئۇنىڭ سىرتىدا تۇرغاندا ئىچىنى كۆرەلمەيتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كىرەلمەيتتى («ۋەھ.» 6:15، 8:19، 14نى كۆرۈڭ).

ئىككىنچىدىن خۇدانىڭ ھۇزۇرى چىدىر بىلەن يوشۇرۇناتتى. خۇدانىڭ جۇلاسى چىدىرنىڭ ئىچىدە بولغىنى بىلەن، ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىگە يوشۇرۇن ئىدى؛ چۈنكى چىدىر بەك قېلىن بولۇپ، تۆت قات پەردە-يوپۇق بىلەن توسۇلغان. خۇدانىڭ پارلاق شان-شەرىپى بۈگۈنمۇ تېخىچە ئىنساننىڭ كۆزلىرىدىن يوشۇرۇن تۇرىدۇ («1تىم» 16:6).

ھالبۇكى، ھويلىدا، ئاندىن چىدىرنىڭ ئۆزىدە بىر «كىرىش ئېغىزى» باردۇر! ئەمدى بىز بۈگۈن بۇ «كىرىش ئېغىزى»نى قەيەردىن تاپىمىز؟ جاۋابنى ئىنجىلدىن تاپىمىز؛ چۈنكى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئۆزى توغرۇلۇق ناھايىتى ئېنىق قىلىپ بىزگە: «مەن ئىشىكتۇرمەن» («يۇھ.» 9:10) ئاندىن «مەن يولدۇرمەن» دەيدۇ («يۇھ.» 6:14) رەببىمىزنىڭ ئۆلۈمىدە بۇ ئىشنىڭ تولۇق ئەھمىيىتىنى كۆرىمىز: «ۋە مانا، شۇ پەيتتە ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرى پەردىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئىككى پارچە بۆلۈپ يىرتىلدى. يەر-زېمىن تەۋرىنىپ، تاشلار يېرىلدى،...» («مات.» 51:27). بۇ ئىش، دەرۋەقە، ئېتىقاد قىلغۇچى بارلىق كىشلەر ئۈچۈن خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغان يولنى مەڭگۈ ئوچۇق تۇرىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ يول «يىرتىلغان پەردە»دىن، يەنى مەسىھنىڭ يىرتىلغان ئەت-تېنىدىن ئۆتىدۇ («ئىبر.» 20:10).

مۇقەددەس چىدىرنىڭ «بېشارەتلىك سىخېما» بولغانلىقىنىڭ نۇرغۇن باشقا تەرەپلىرىمۇ باردۇر. خۇدا بۇيرۇسا، بۇلارنى ئايرىم يەردە تەپسىلىيراق شەرھلەيمىز. شۇنداق دېگىنىمىز بىلەن بىلگىنىمىز ئىنتايىن چەكلىكتۇر، بۇ بىزنىڭ چىدىرنىڭ ھەرقايسى ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىنى چۈشەندۈرەلەيمىز، دېگەنلىكىمىز ئەمەس (خۇدا بىزنى تەلۋىلەرچە تەسەۋۋۇرلاردىن ساقلىسۇن!). شۇنداقتىمۇ، چىدىرنىڭ چۈشەنگىلى بولىدىغان كۆپ جەھەتلىرى بار؛ بۇلارنى چۈشىنىپ يەتسەك، ئېتىقاد قەدەملىرىمىزگە رىغبەت بېرىپ كۈچلەندۈرىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر مۇقەددەس چىدىرنىڭ تۈرلۈك قىسىملىرى، شۇنداقلا كاھىنلىق كىيىملەرنى سۈپەتلەيدىغان رەسىم-سىخېمىلارنىمۇ كۆرسۇن.

## تەۋرات 3-قىسىم

# «كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» («لاۋىيلار»)

## كىرىش سۆز

خۇدانىڭ يەھۇدىي خەلقىنى مىسىردىن چىقىرىپ، سىناي تېغىدا ئۇلارغا ئۆز ھەققانىيلىقى ئايان قىلىنغان قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى تاپشۇرغاندىن كېيىنكى مۇسا پەيغەمبەرگە تاپىلىغان تۈنجى ئەمرى شۇكى، «ئىسرائىلارغا بۇيرۇغىنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشۇم ئۈچۈن ماڭا بىر تۇرالغۇ ياسىسۇن» («مىس.» 8-1:25). ئۇنىڭ ئارزۇ-تەشناسى ئۆز خەلقىگە يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھالبۇكى، پاك-مۇقەددەس بىر خۇدا قانداقمۇ گۇناھكار خەلق ئارىسىدا تۇرسۇن؟ «كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» دېگەن مەزكۇر كىتاب بۇ سوئالغا قىسمەن جاۋابلارنى تەمىنلەيدۇ ـ گۇناھسىز بىر ھايات قۇربانلىق قىلىنىپ، ئاندىن ئىنسانلار خۇداغا يېقىنلاشسا بولىدۇ. دېمەك، گۇناھسىز بىر ھايۋاننىڭ قېنى تۆكۈلۈپ، قۇربانلىق قىلىنىشى بىلەن خۇدانىڭ مۇقەددەس چېدىرىدا ئۇنىڭغا يېقىن بېرىشنى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرى يېپىلغان («كافارەت قىلىنغان») ھېسابلىناتتى. بۇ گۇناھسىز ھايات بۇقا، قوي، ئۆچكە ياكى ھەتتا كەپتەرنىڭ ھاياتى بولاتتى. ئىنجىلدا بۇ سوئالغا تولۇق جاۋاب بېرىلىدۇ: ـ خۇدا ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق گۇناھلىرى ئۈچۈن «ئاخىرقى قۇربانلىق»نى تەمىنلىگەندى؛ مەسىھ ئەيسانىڭ، يەنى بىردىنبىر مۇكەممەل گۇناھسىز ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق ھەرقانداق ئىشەنگۈچى خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا بىۋاستە كىرىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشالايدۇ.

دېمەك، «كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» دېگەن كىتاب قۇربانلىق قىلىشنىڭ تەپسىلىي قوللانمىسىدۇر؛ ئۇنىڭدا يەنە خۇدانىڭ ئۆز خەلقىدىن تەلەپ قىلىدىغان «رەسمىي پاكلىق» (مۇراسىملارغا قاتنىشىشتىكى شەرتلەر) ۋە ھەقىقىي، روھ-

كۆڭۈلدىكى پاك-مۇقەددەسلىك توغرۇلۇق تەپسىلاتلار بايان قىلىنىدۇ. بۇ كۆرسەتمىلەر ئاۋۋال كاھىن-لاۋىيلارغا تاپشۇرۇلغان (شۇڭا مەزكۇر كىتابنى «كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» دەپ ئاتىدۇق). كاھىن-لاۋىيلار بۇ كۆرسەتمىلەرنى پۇقرالارغا ئۆگىتىشكە مەسئۇل ئىدى.

گەرچە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان خەلقلەر ھەر يىلى «قۇربان ھېيت»تا «قۇربانلىق» قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار «بۇ قۇربانلىق قىلىشنىڭ گۇناھلارنى يېپىش ئۈچۈنلىكى»دىن ئىبارەت ئەسلىدىكى ئۇقۇمدىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتتى. ئادەتتە ھېيتتىكى بۇ «قۇربانلىق» پۈتۈنلەي ئۆيىدىكىلەر ۋە دوستلار تەرىپىدىن يەۋېتىلىدۇ؛ بەزىدە ئۇنىڭدىن بىر قىسمى كەمبەغەللەرگە بېرىلىدۇ. ئەمما تەۋراتتا ئۆگىتىلىشچە «قۇربانلىق» ھەممىدىن ئاۋۋال خۇدانىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. تەۋراتتا، ئەگەر قۇربانلىق قىلغۇچى كىشىنىڭ قۇربانلىقى «ئىناقلىق قۇربانلىقى» ياكى «تەشەككۇر قۇربانلىقى» بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قۇربانلىقتىن بىر قىسمىنى يېيىش ئىمتىيازى بولىدۇ؛ بىراق ئۇ خىلدىكى قۇربانلىق بولمىسا، ئۇ ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ يېيىشكە بولمايدۇ. بەزىدە قۇربانلىقنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى كاھىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن يېيىشكە بولاتتى، ئەمما ھەرخىل قۇربانلىقنىڭ كۆپ قىسمى، بەزىدە ئۇنىڭ ھەممىسى خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلەتتى.

مەزكۇر كىتابتا جەمئىي بەش خىل ھەدىيە-قۇربانلىق تەسۋىرلىنىدۇ؛ شۇنداقلا كاھىنلارنىڭ كاھىنلىق خىزمەت-ۋەزىپىلىرىگە كىرىشىشتىكى «سەككىز كۈنلۈك تەييارلىق»نىڭ تەپسىلاتلىرى كۆرسىتىلىدۇ ۋە يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خۇدانىڭ «رەسمىي پاكلىق» ھەم «روھ-كۆڭۈلدىكى پاكلىق» توغرۇلۇق تەپسىلىي تەلەپلىرى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە ئىسرائىل ئۈچۈن بېكىتكەن يەتتە چوڭ ھېيت-بايرامنىڭ تەپسىلاتلىرى، خەلققە ئىتائەتمەنلىكنىڭ بەخت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەمدە ئىتائەتسىزلىكنىڭ بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق بايان قىلىنغان بېشارەتلەرمۇ كۆرسىتىلىدۇ.

## «مۇقەددەس» ۋە «پاك»لىق توغرۇلۇق

ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئىزاھات: ــ تەۋرات-ئىنجىلدا، «مۇقەددەس» دېگەن سۆز «مۇتلەق پاك»، «خۇداغا ئاتالغان»، «خۇداغا ئالاھىدە خاس»، «خۇدا ئالاھىدە ئىشلىتىدىغان» (مەيلى ئادەملەر ياكى نەرسىلەر بولسۇن) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە ئەمەس).

خۇدانىڭ ئىبادەت چېدىرىدىكى خىزمىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كاھىنلار رەسمىي «مۇقەددەس» بولۇشى كېرەك؛ لاۋىيلار بولسا ئۇلارغا ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن رەسمىي «پاك» بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ھەممىسى روھ-كۆڭۈل جەھەتتە ھەردائىم مۇقەددەس تۇرۇشى كېرەك: «مەن خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار مۇقەددەس بولغاچقا، سىلەرمۇ مۇقەددەس بولۇشۇڭلار كېرەك» (2:19).

«تەبىرلەر»دىكى «ئۆزۈڭلارنى پاك قىلىڭلار» ۋە «ئۆزۈڭلارنى پاك-مۇقەددەس قىلىڭلار» دېگەنلىرىمىزنى كۆرۈڭ.

مۇشۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، تەۋرات دەۋرىدە «تەندىكى ناپاكلىق» كىشىلەرنىڭ خۇداغا دۇئا قىلىشىغا ھېچقانداق توسالغۇ ئەمەس ئىدى.

## مەزمۇن: ــ

(ئا) بەش خىل ھەدىيە-قۇربانلىق (1-7-بابلار)

(ئە) كاھىنلارنىڭ ۋەزىپىسىگە كىرىشىشى (8-10-بابلار)

(ب) «پاك» ۋە «ناپاك» ھايۋانلار (11-باب)

(پ) «رەسمىي پاكلىق» توغرۇلۇق بەلگىلىمىلەر (12-15-بابلار)

(ت) «كافارەت كۈنى» (16-باب)

(ج) قۇربانلىق قىلىش توغرۇلۇق باشقا بەلگىلىمىلەر (17-باب)

(چ) خۇراپىيلىقلار ۋە ھەرخىل يىرگىنچلىك ئىشلار (18-20-بابلار)

(خ) كاھىنلارنى باشقۇرىدىغان بەلگىلىمىلەر (21-22-بابلار)

(د) پەرۋەردىگار بېكىتكەن يەتتە ھېيت-بايرام (23-باب)

(ر) چىراغدان ئۈچۈن زەيتۇن مېيىنى تەييارلاش ۋە باشقا ئىشلار (24-باب)

(ز) «شابات يىلى» ۋە «ئازاد يىلى» (25-باب)

(ژ) بەرىكەت ۋە لەنەتلەر (26-باب)

(س) قەسەملەر (27-باب)

# لاۋىيلار

## «كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى»

## كۆيدۈرمە قۇربانلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر

1 [1]ۋە پەرۋەردىگار مۇسانى چاقىرىپ جامائەت چېدىرىدىن ئۇنىڭغا
سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ـ
[2]سەن ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: ـ ئەگەر
سىلەردىن بىرىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا بىر قۇربانلىقنى
سۇنماقچى بولساڭلار، قۇربانلىقىڭلارنى چارپايلاردىن، يەنى كالا ياكى
ئۇششاق ماللاردىن سۇنۇشۇڭلار كېرەك.
[3]ئەگەر ئۇنىڭ سۇنىدىغىنى كالىلاردىن كۆيدۈرمە قۇربانلىق
بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بېجىرىم ئەركەك ھايۋاننى كەلتۈرسۇن؛ ئۇنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى جامائەت
چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىنىڭ ئالدىدا سۇنسۇن. [4]ئۇ قولىنى كۆيدۈرمە
قۇربانلىقنىڭ بېشىغا قويسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن قۇربانلىق ئۇنىڭ
ئورنىغا كەفارەت بولۇشقا قوبۇل قىلىنىدۇ. [5]ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ

---

1:1 **«ۋە»** ــ «لاۋىيلار» ياكى «كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» دېگەن كىتاب «ۋە» دېگەن سۆز بىلەن باشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز «كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى»نى «مىسىردىن چىقىش» دېگەن كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى (40-باب، 38-ئايەت) بىلەن زىچ باغلايدۇ. مەزكۇر كىتاب ئۇنىڭ داۋامىدۇر. «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«جامائەت چېدىرى»** ــ ياكى «كۆرۈشۈش چېدىرى». «جامائەت چېدىرى» دېگەن سۆزدىكى «جامائەت» ئىبرانىي تىلىدا «خۇدا بىلەن ئۇچرىشىش» ياكى «خۇدا بىلەن دىدارلىشىش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

**3:1** مىس. 10:29

**4:1** **«كەفارەت»** ــ (ئىبرانىي تىلىدا «كافار» ياكى «كىپپۇر») تۈپ مەنىسى «يېپىش». گۇناھلارغا «كەفارەت كەلتۈرۈش» دېگەنلىك «گۇناھلارنى يېپىش» دېگەنلىكتۇر. تەۋرات دەۋرىدە خۇدا گۇناھلارنى ۋاقىتلىق ياپاتتى ۋە شۇنىڭدەك شۇ گۇناھلاردىن توۋا قىلىپ قۇربانلىق كەلتۈرگەن بەندىلىرىنى كەچۈرۈم قىلاتتى. ئىنجىل دەۋرى كەلگەندە ئۇ مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى «ئېلىپ تاشلايدۇ» («يۇھ.» 29:1، 36نى كۆرۈڭ).

ھۇزۇرىدا بۇقىنى بوغۇزلىسۇن؛ كاھىنلار بولغان ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى قېنىنى كەلتۈرۈپ، جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىدىكى قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئەتراپىغا سەپسۇن. [6]ئاندىن قۇربانلىق قىلغۇچى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋاننىڭ تېرىسىنى سويۇپ، تېنىنى پارچىلىسۇن [7]ۋە ھارۇن كاھىننىڭ ئوغۇللىرى قۇربانگاھتا ئوت قالاپ ئوتنىڭ ئۈستىگە ئوتۇنلارنى تىزسۇن. [8]ئاندىن كاھىنلار بولغان ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى گۆش پارچىلىرىنى، بېشى ۋە مېيى بىلەن قوشۇپ، قۇربانگاھدىكى ئوتنىڭ ئۈستىدىكى ئوتۇننىڭ ئۈستىگە تەرتىپ بىلەن تىزىپ قويسۇن. [9]لېكىن ئۇنىڭ ئىچ-قارنى بىلەن پاچاقلىرىنى قۇربانلىق سۇنغۇچى سۇدا يۇسۇن؛ ئاندىن كاھىن ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىپ قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. بۇ ئوت ئارقىلىق سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق ھېسابىدا، پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي چىقىرىلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدۇ.

## قوي پادىسىدىن قىلىنغان قۇربانلىق

[10]ئەگەر ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇششاق ماللاردىن قوي يا ئۆچكە قۇربانلىق قىلاي دېسە، ئۇنداقتا ئۇ بېجىرىم بولغان بىر ئەركىكىنى كەلتۈرسۇن. [11]ئۇ ئۇنى قۇربانگاھنىڭ شىمال تەرىپىدە پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا بوغۇزلىسۇن. ئاندىن كاھىنلار بولغان ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى قېنىنى ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئەتراپىغا سەپسۇن. [12]قۇربانلىق قىلغۇچى بولسا گۆشنى پارچىلاپ، بېشى بىلەن مېيىنى كېسىپ ئايرىسۇن. ئاندىن كاھىن بۇلارنى ئېلىپ قۇربانگاھتىكى ئوتنىڭ ئۈستىدىكى ئوتۇننىڭ ئۈستىدە تەرتىپ بويىچە تىزىپ قويسۇن. [13]لېكىن ئۇنىڭ ئىچ-قارنى بىلەن پاچاقلارنى قۇربانلىق سۇنغۇچى سۇدا يۇسۇن؛ ئاندىن كاھىن

8:1 **«كاھىنلار بولغان ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى»** — ھارۇن باش كاھىن، ئوغۇللىرى كاھىنلار قىلىپ بېكىتىلگەنىدى («مىس.» 1:28).

ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىپ قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن.
بۇ ئوت ئارقىلىق سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق ھېسابىدا، پەرۋەردىگارغا
خۇشبۇي چىقىرىلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدۇ.

## ئۈچار-قاناتلاردىن قىلىنغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق

[14] ئەگەر قۇربانلىق قىلغۇچى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئۈچار-قاناتلاردىن
كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلاي دېسە، ئۇنداقتا ئۇ پاختەكلەردىن
ياكى كەپتەر باچكىلىرىدىن قۇربانلىق كەلتۈرسۇن. [15] كاھىن ئۇنى
قۇربانگاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، بېشىنى تولغاپ ئۈزۈپ
ئۇنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن؛ ئۇنىڭ قېنى سىقىلىپ
قۇربانگاھنىڭ تېمىغا سۈرتۈلسۇن. [16] لېكىن تاشلىقىنى پەيلىرى
بىلەن قوشۇپ قۇربانگاھنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۈللۈككە
تاشلىۋەتسۇن؛ [17] ئۇ قۇربانلىقنى ئىككى قانىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
يارسۇن، بىراق ئۇنى ئىككى پارچە قىلىۋەتمىسۇن. ئاندىن كاھىن
بۇنى ئېلىپ قۇربانگاھدىكى ئوتنىڭ ئۈستىدىكى ئوتۇننىڭ
ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈرسۇن؛ بۇ ئوت ئارقىلىق سۇنۇلىدىغان
قۇربانلىق ھېسابىدا، پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي چىقىرىلىدىغان
كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدۇ.

## ئاشلىق ھەدىيەلىرى

2 [1] ئەگەر بىركىم پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا ئاشلىق ھەدىيەسى
سۇنماقچى بولسا ھەدىيەسى ئېسىل ئۇندىن بولۇشى كېرەك؛ ئۇ
ئۇنىڭغا زەيتۇن مېيى قۇيۇپ ئاندىن ئۈستىگە مەستىكى سالسۇن.
[2] ئۇ ئۇنى ئېلىپ كاھىنلار بولغان ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا

1:2 **«ئېسىل ئۇن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا تەكىتلەنگىنى ياخشى تارتىلغان، بىرخىل يۇمشاقلىقتا،
ھېچقانداق كېپەك ئارىلاشمىغان ئۇن.
**1:2** مىس. 15:6؛ 17:9؛ چۆل. 4:15

كەلتۈرسۇن؛ ئاندىن كاھىن ھەدىيە سۈنغۇچىنىڭ يادلىنىشى ئۈچۈن زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئۇندىن بىر چاڭگال ئېلىپ، ھەممە مەستىكى بىلەن قوشۇپ، بۇ ھەدىيەنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرسۇن؛ بۇ ئوت ئارقىلىق سۇنۇلىدىغان، پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي چىقىرىلىدىغان ھەدىيە بولىدۇ. 3 ئەمما ئاشلىق ھەدىيەسىدىن قالغىنى بولسا، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋە بولسۇن. بۇ پەرۋەردىگارغا ئوت ئارقىلىق سۇنۇلغانلارنىڭ ئىچىدە «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىنىدۇ.

## پىشۇرۇلغان ئاشلىق ھەدىيەلىرى

4 ئەگەر سەن تونۇردا پىشۇرۇلغان نەرسىلەردىن ئاشلىق ھەدىيەسى سۇناي دېسەڭ، ئۇلار زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇندىن پىشۇرۇلغان توقاچلار ياكى زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈپ مەسھەلەنگەن پېتىر ھەمەك نانلاردىن بولسۇن.
5 ئەگەر سېنىڭ كەلتۈرىدىغان ھەدىيەڭ تاۋىدا پىشۇرۇلغان ئاشلىق ھەدىيەسى بولسا ئۇ زەيتۇن مېيى ئىشلەشتۈرۈلۈپ ئېسىل ئۇندىن پېتىر ھالدا ئېتىلسۇن. 6 سەن ئۇنى ئوشتۇپ ئۈستىگە زەيتۇن مېيى قۇيغىن؛ ئۇ ئاشلىق ھەدىيەسى بولىدۇ.
7 سېنىڭ كەلتۈرىدىغان ھەدىيەڭ قازاندا پىشۇرۇلغان ئاشلىق ھەدىيەسى بولسا ئۇنداقتا ئۇ ئېسىل ئۇن بىلەن زەيتۇن مېيىدا

---

**2:2** لاۋ. 8:6

**3:2 «پەرۋەردىگارغا ئوت ئارقىلىق سۇنۇلغانلارنىڭ ئىچىدە «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى»»** — ھەدىيە-قۇربانلىقلار «ئەڭ مۇقەددەس» ۋە «مۇقەددەس» دەپ بۆلۈنىدۇ. ««ئەڭ مۇقەددەس» بولغان ھەدىيە-قۇربانلىقلارنى پەقەت كاھىنلار ئۆزىلا يېيىشكە، شۇنداقلا مۇقەددەس جايدىلا يېيىشكە بولاتتى. «مۇقەددەس» ھېسابلانغان تائاملاردىن ئائىلىدىكىلىرى يېيىشكە بولاتتى.

**3:2** لاۋ. 12:10

**4:2 «توقاچلار»** — ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆز ياكى ھالقىسمان ياكى چەككۈچ بىلەن تېشىلگەن بىرخىل نانلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئېتىلسۇن. [8]شۇ يوللاردا تەييارلانغان ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى
پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرگىن؛ ئۇنى كاھىنغا بەرگىن، ئۇ ئۇنى
قۇربانگاھقا ئېلىپ بارىدۇ. [9]كاھىن بولسا ئاشلىق ھەدىيەسىدىن
«يادلىنىش ئۈلۈشى»نى ئېلىپ قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. بۇ
ئوت ئارقىلىق سۇنۇلىدىغان، پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي چىقىرىلىدىغان
ھەدىيە بولىدۇ. [10]ئەمما ئاشلىق ھەدىيەسىدىن قالغىنى بولسا،
ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋە بولسۇن. بۇ پەرۋەردىگارغا ئوت
ئارقىلىق سۇنۇلغانلارنىڭ ئىچىدە «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى»
ھېسابلىنىدۇ.

[11]سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىدىغان ھەرقانداق ئاشلىق
ھەدىيەلىرى ئېچىتقۇ بىلەن تەييارلانمىسۇن. چۈنكى سىلەرنىڭ
پەرۋەردىگارغا ئوتتا سۇنۇلىدىغان ھەدىيەڭلارنىڭ ھېچقايسىسىدا
ئېچىتقۇ ياكى ھەسەلنى كۆيدۈرۈشكە بولمايدۇ. [12]بۇلارنى
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا «دەسلەپكى ھوسۇل» سۈپىتىدە سۇنساڭلار
بولىدۇ، لېكىن ئۇلار خۇشبۇي سۈپىتىدە قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە
كۆيدۈرۈلۈپ سۇنۇلمىسۇن.
[13]سېنىڭ ھەربىر ئاشلىق ھەدىيەڭ تۇز بىلەن تۇزلىنىشى كېرەك؛
ھەدىيەڭنى خۇدايىڭنىڭ ئەھدە تۇزىدىن مەھرۇم قىلماي، ھەممە
ئاشلىق ھەدىيەلىرىڭنى تۇز بىلەن تۇزلىغىن.
[14]ئەگەر سەن پەرۋەردىگارغا «دەسلەپكى ھوسۇل»دىن ئاشلىق
ھەدىيەسى سۇناي دېسەڭ، ئۇنداقتا زىرائەتنىڭ يېڭى پىشقان كۆك
بېشىنى ئېلىپ، دانلارنى ئوتتا قورۇپ، ئېزىپ تالقان سۈپىتىدە
سۇنغىن؛ بۇ «دەسلەپكى ھوسۇل» ھەدىيەسى بولىدۇ؛ [15]سەن ئۇنىڭغا
زەيتۇن مېيى قۇيۇپ ئۈستىگە مەستىكى سالغىن؛ بۇ ئاشلىق
ھەدىيەسى بولىدۇ. [16]كاھىن بولسا ئۇنىڭدىن، يەنى قورۇپ ئېزىلگەن

**12:2** چۆل. 12:18

**13:2** مار. 49:9

دانلار بىلەن زەيتۇن مېيىدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ ھەممە مەستىكى بىلەن قوشۇپ، بولارنى «يادلىنىش ئۈلۈشى» سۈپىتىدە كۆيدۈرسۇن. بۇ ئوت ئارقىلىق پەرۋەردىگارغا سۇنۇلغان ھەدىيە بولىدۇ.

## ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى

3 [1] بىرسىنىڭ سۇنىدىغىنى ئىناقلىق قۇربانلىقى بولسا، شۇنداقلا
كالىلاردىن سۇنسا، ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىغا بېجىرىم
بىر ئەركەكنى ياكى چىشىسىنى كەلتۈرسۇن. [2] ئۇ سۇنىدىغان بۇ
ھايۋانىنىڭ بېشىغا قولىنى قويۇپ، ئاندىن ئۇنى جامائەت چېدىرىنىڭ
كىرىش ئېغىزى ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. ئاندىن كاھىنلار بولغان
ھارۇنىنىڭ ئوغۇللىرى قېنىنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ
ئەتراپىغا سەپسۇن. [3] سۇنغۇچى كىشى بۇ ئىناقلىق قۇربانلىقىدىن
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان ھەدىيە سۈپىتىدە بىر
قىسمىنى ئېلىپ بېغىشلىسۇن، يەنى ئىچ قارنىنى يۆگەپ تۇرغان
مايىنى، شۇنداقلا بارلىق ئىچ مېيىنى ئېلىپ [4] ئىككى بۆرەكنى ۋە
ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەمدە ئىككى يانپىشىدىكى مايىنى ئاجرىتىپ،
جىگەرنىڭ بۆرەككىچە بولغان چاۋا مېيىنى كېسىپ، ئېلىپ كەلسۇن.
[5] ھارۇنىنىڭ ئوغۇللىرى بولسا بۇلارنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىگە
كەلتۈرۈپ ئوت ئۈستىگە قويۇلغان ئوتۇننىڭ ئۈستىدىكى كۆيدۈرمە
قۇربانلىققا قوشۇپ كۆيدۈرسۇن. بۇ ئوت ئارقىلىق سۇنۇلىدىغان،
پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي چىقىرىلىدىغان قۇربانلىق بولىدۇ.

## قوي پادىسىدىن بولغان ئىناقلىق قۇربانلىقى

[6] بىرسىنىڭ پەرۋەردىگارغا قىلىدىغان ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن
سۇنىدىغىنى ئۇششاق مالدىن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بېجىرىم بىر

3:3 مىس. 13:29، 22
5:3 مىس. 25:29؛ لاۋ. 5:6

ئەركەكنى ياكى چىشىسىنى كەلتۈرسۇن. 7 ئەگەر ئۇنىڭ قۇربانلىقى
قوي بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ، 8 قۇربانلىق
قىلىدىغان بۇ ھايۋاننىڭ بېشىغا قولىنى قويۇپ، ئاندىن ئۇنى جامائەت
چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. ئاندىن ھارۇننىڭ
ئوغۇللىرى قېنىنى ئېلىپ قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ
ئەتراپىغا سەپسۇن. 9 سۇنغۇچى كىشى بۇ ئىناقلىق قۇربانلىقىدىن
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان ھەدىيە سۈپىتىدە بىر
قىسمىنى، يەنى ئۇنىڭ مېيىنى ئېلىپ بېغىشلىسۇن، ــ پۈتۈن مايلىق
قۇيرۇقىنى ئۇنىڭ ئومۇرتقىسىغا يېقىن يەردىن ئاجرىتىپ ئېلىپ،
ئىچ قارنىنى يۆگەپ تۇرغان مايىنى، شۇنداقلا بارلىق ئىچ مېيىنى
ئېلىپ، 10 ئىككى بۆرەكنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەمدە ئىككى
يانپىشىدىكى مايىنى ئاجرىتىپ، جىگەرنىڭ بۆرەككىچە بولغان چاۋا
مېيىنى كېسىپ، ئېلىپ كەلسۇن. 11 كاھىن بۇلارنى قۇربانگاھنىڭ
ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن؛ بۇ ئوتتا سۇنۇلىدىغان، پەرۋەردىگارغا ئاتالغان
تائام ھەدىيەسى بولىدۇ.

12 ئۇنىڭ سۇنىدىغىنى ئۆچكە بولسا، بۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىغا
كەلتۈرسۇن. 13 ئۇ قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇنى جامائەت
چېدىرىنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. ئاندىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى
قېنىنى ئېلىپ قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئەتراپىغا سەپسۇن.
14 ئاندىن سۇنغۇچى كىشى بۇ قۇربانلىقتىن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا
سۇنۇلىدىغان ھەدىيە سۈپىتىدە بىر قىسمىنى ئېلىپ بېغىشلىسۇن،
يەنى ئىچ قارنىنى يۆگەپ تۇرغان مايىنى، شۇنداقلا بارلىق ئىچ مېيىنى
ئېلىپ، 15 ئىككى بۆرەكنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەمدە ئىككى
يانپىشىدىكى مايىنى ئاجرىتىپ، جىگەرنىڭ بۆرەككىچە بولغان چاۋا
مېيىنى كېسىپ، ئېلىپ كەلسۇن. 16 كاھىن بۇلارنى قۇربانگاھنىڭ
ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن؛ بۇ ئوتتا سۇنۇلىدىغان، خۇشبۇي چىقىرىدىغان

**11:3** لاۋ. 6:21،8،17،21،22؛ 25:22؛ ئەز. 7:44؛ مال. 12:1

تائام ھەدىيەسى بولىدۇ. مايىنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارغا تەۋەدۇر.
17 بۇ ھەرقانداق تۇرار جايىڭلاردا سىلەرگە ئەبەدىي بەلگىلىمە بولىدۇ؛ سىلەر ھېچقانداق ماي ياكى قان يېمەسلىكىڭلار كېرەك.

## گۇناھ قۇربانلىقى، يەنى «گۇناھنى تىلەش قۇربانلىقى»

4 1 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
2 ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگىن: ــ «بىرسى بىلمەي
ئېزىپ، پەرۋەردىگار «قىلما» دەپ بۇيرۇغان ھەرقانداق ئەمرلەردىن
بىرىگە خىلاپلىق قىلىپ سېلىپ، گۇناھ قىلسا، تۆۋەندىكىدەك
قىلسۇن: ــ
3 ــ ئەگەر مەسىھلەنگەن كاھىن خەلقنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرىدىغان بىر
گۇناھنى قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ بۇ قىلغان گۇناھى ئۈچۈن بىر بېجىرىم ياش
تورپاقنى ئېلىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارغا گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە سۇ
نسۇن. 4 ئۇ تورپاقنى جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىنىڭ يېنىغا،
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ،
ئاندىن تورپاقنى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا بوغۇزلىسۇن. 5 ئاندىن
مەسىھلەنگەن كاھىن تورپاقنىڭ قېنىدىن ئازغىنا ئېلىپ، جامائەت
چېدىرى ئىچىگە كۆتۈرۈپ ئاپارسۇن؛ 6 كاھىن شۇ يەردە بارمىقىنى
قانغا چىلاپ، قاننى مۇقەددەس جايىنىڭ ئەڭ پەردىسىنىڭ ئالدىدا،
پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا يەتتە مەرتىۋە سەپسۇن. 7 شۇنداقلا كاھىن
قاندىن ئېلىپ، جامائەت چېدىرى ئىچىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا

**17:3 «ئەبەدىي»** ــ تەۋراتتىكى «ئەبەدىي» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: (1) مەڭگۈ؛ (2) شۇ ۋاقىتتىكى چېكى بېكىتىلمىگەن، قەرەلسىز، مۆھلەتسىز ئۇزۇن بىر مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**17:3** يار. 9:4؛ لاۋ. 26:7؛ 14،10:17

**3:4 «مەسىھلەنگەن كاھىن»** ــ بەلكىم «باش كاھىن»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن. «مەسىھ قىلىش» ياكى «مەسىھلەش» توغرىسىدا «مىس.» 41:28نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**5:4** لاۋ. 14:16؛ چۆل. 4:19

تۇرغان خۇشبۇيگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرسۇن. تورپاقنىڭ قالغان
ھەممە قېنىنى بولسا، جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىنىڭ
ئالدىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈپ قويس
ۇن؛ [8] ئاندىن ئۇ گۇناھ قۇربانلىقى بولغان تورپاقنىڭ ئىچىدىن ھەممە
مېيىنى ئاجرىتىپ چىقارسۇن ــ يەنى ئىچ قارنىنى يۆگەپ تۇرغان ماي
بىلەن قالغان ئىچ مېيى، [9] ئىككى بۆرەكنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى
ھەمدە ئىككى يانپىشىدىكى مايىنى ئاجرىتىپ، جىگەرنىڭ بۆرەككىچە
بولغان چاۋا مېيىنى ئاجراتسۇن [10] (خۇددى ئىناقلىق قۇربانلىقى بولغان
كالىنىڭ ئىچىدىكى ماي ئاجرىتىلغاندەك)؛ ئاندىن كاھىن بۇلارنى
كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. [11] لېكىن
تورپاقنىڭ تېرىسى بىلەن ھەممە گۆشى، باش بىلەن پاچاقلىرى، ئىچ
قارنى بىلەن ژىنىنى، [12] يەنى پۈتكۈل تورپاقنىڭ قالغان قىسىملىرىنى
چېدىرگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، پاك بىر يەرگە، يەنى كۈللەر
تۆكۈلىدىغان جايغا ئېلىپ چىقىپ، ئوتۇننىڭ ئۈستىدە ئوتتا
كۆيدۈرسۇن. بۇلار كۈللەر تۆكۈلىدىغان جايدا كۆيدۈرۈۋېتىلسۇن.

[13] ئەگەر پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى ئۆزى بىلمىگەن ھالدا ئېزىپ
گۇناھ قىلغان بولسا، پەرۋەردىگارنىڭ «قىلما» دەپ بۇيرۇغان
ھەرقانداق ئەمرلىرىگە خىلاپلىق ئىشلارنىڭ بىرىنى قىلىپ
سېلىپ، گۇناھقا چۈشۈپ قالسا، [14] شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان

---

**7:4** لاۋ. 9:9

**8:4** لاۋ. 3:3، 4

**10:4** لاۋ. 5:3

**11:4** مىس. 14:29؛ چۆل. 5:19

12:4 **«كۈللەر»** ــ مۇشۇ يەردە قۇربانلىقلارنىڭ كۈللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**12:4** لاۋ. 27:16؛ چۆل. 3:19؛ ئىبر. 11:13

13:4 **«جامائەت ئۆزى بىلمىگەن»** ــ بۇ ئىبرانىي تىلىدا «بۇ ئىش جامائەتنىڭ كۆزىگە يەتمىگەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**13:4** لاۋ. 15:9؛ چۆل. 15:24-31

گۇناھى ئايدىڭلاشقان بولسا، ئۇنداقتا جامائەت گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر ياش تورپاقنى سۇنۇپ جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرسۇن. [15] جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قوللىرىنى تورپاقنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئاندىن تورپاقنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. [16] مەسىھلەنگەن كاھىن تورپاقنىڭ قېنىدىن ئازغىنا ئېلىپ جامائەت چېدىرى ئىچىگە ئېلىپ كىرسۇن؛ [17] شۇ يەردە بارمىقىنى قانغا چىلاپ، قاننى ئەڭ مۇقەددەس جاينىڭ پەردىسىنىڭ ئالدىدا، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا يەتتە مەرتىۋە سەپسۇن. [18] شۇنداقلا كاھىن قاندىن ئېلىپ جامائەت چېدىرى ئىچىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرغان خۇشبۇيگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرسۇن. تورپاقنىڭ قالغان ھەممە قېنىنى بولسا، جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىنىڭ ئالدىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈپ قويسۇن؛ [19] كاھىن تورپاقنىڭ ئىچىدىن بارلىق مېيىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. [20] ئۇ گۇناھ قۇربانلىقى بولغان ئىلگىرىكى تورپاقنى قىلغىنىغا ئوخشاش بۇ تورپاقنىمۇ شۇنداق قىلسۇن؛ ۋە دەل شۇنداق قىلىشى كېرەك؛ شۇ يول بىلەن كاھىن ئۇلار ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ شۇ گۇناھ ئۇلاردىن كەچۈرۈلىدۇ. [21] ئاندىن ئۇ تورپاقنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئىلگىرىكى تورپاقنى كۆيدۈرگەندەك بۇ تورپاقنىمۇ كۆيدۈرسۇن. بۇ جامائەت ئۈچۈن گۇناھ قۇربانلىقى بولىدۇ.

[22] ئەگەر بىر ئەمىر بىلمەي ئۇنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ «قىلما» دېگەن ھەرقانداق ئەمرلىرىنىڭ بىرىگە خىلاپلىق قىلىپ سېلىپ، گۇناھقا چۈشۈپ قالسا، [23] ۋە قىلغان گۇناھى ئۆزىگە مەلۇم قىلىنغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى قۇربانلىق ئۈچۈن بېجىرىم بىر تېكىنى سۇنسۇن؛ [24] ئۇ قولىنى تېكىنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇنى كۆيدۈرمە

16:4 **«مەسىھلەنگەن كاھىن»** — ياكى مەسىھ قىلىنغان كاھىن» بەلكىم «باش كاھىن»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلارنى بوغۇزلايدىغان جايغا ئېلىپ بېرىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. بۇ بىر گۇناھ قۇربانلىقى بولىدۇ. [25] كاھىن گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ قېنىدىن بارمىقىغا ئازغىنا ئېلىپ، ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرۈپ قويسۇن؛ ئاندىن قالغان قېنىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈپ قويسۇن. [26] ئۇ ئىناقلىق قۇربانلىقى قىلىنغان ھايۋاننىڭ مېيىنى كۆيدۈرگەندەك، ئۇنىڭ بارلىق مېيىنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرسۇن. بۇ يول بىلەن كاھىن ئۇنى گۇناھىدىن پاكلاندۇرۇش ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ گۇناھى ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.

[27] ئەگەر پۇقرالاردىن بىرى بىلمەي ئۇنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ «قىلما» دېگەن ھەرقانداق ئەمرلىرىنىڭ بىرىگە خىلاپلىق قىلىپ سېلىپ، گۇناھقا چۈشۈپ قالسا، [28] ۋە قىلغان گۇناھى ئۆزىگە مەلۇم قىلىنغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ، يەنى ئۇ سادىر قىلغان گۇناھى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا بېجىرىم بىر چىشى ئۆچكىنى سۇنسۇن؛ [29] ئۇ قولىنى گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى بوغۇزلايدىغان جايغا ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلىسۇن. [30] ئاندىن كاھىن ئۇنىڭ قېنىدىن بارمىقىغا ئازغىنا ئېلىپ ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرۈپ قويسۇن؛ قالغان بارلىق قېنىنى قۇربانگاھىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈپ قويسۇن. [31] ئىناقلىق قۇربانلىقى قىلىنغان ھايۋاننىڭ مېيى ئېچىدىن ئاجرىتىلغاندەك ئۇنىڭمۇ ھەممە مېيىنى ئاجرىتىپ چىقارسۇن؛ كاھىن ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خۇشبۇي كەلتۈرسۇن دەپ

---

**27:4** چۆل. 27:15

**28:4** **«ۋە قىلغان گۇناھى ئۆزىگە مەلۇم قىلىنغان بولسا...»** — ئىبرانىي تىلدا «ۋە» «ۋا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ ھەمدە «ۋە» ھەم «ياكى» دېگەن ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. شۇ يول بىلەن كاھىن ئۇنىڭ ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.

[32] ئەگەر ئۇ كىشى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن قوزا كەلتۈرۈشنى خالىسا، بىجىرىم بىر چىشى قوزىنى سۇنسۇن. [33] ئۇ قولىنى گۇناھ قۇربانلىقى قوزىسىنىڭ بېشىغا قويۇپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بوغۇزلىنىدىغان جايغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بوغۇزلىسۇن. [34] ئاندىن كاھىن گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ قېنىدىن بارمىقىغا ئازغىنا ئېلىپ ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرۈپ قويسۇن؛ ئۇنىڭ قالغان بارلىق قېنىنى ئۇ قۇربانگاھنىڭ تۈۋىگە تۆكۈپ قويسۇن. [35] ئىناقلىق قۇربانلىقى قىلىنغان قوزىنىڭ مېيى ئېچىدىن ئاجرىتىلغاندەك، ئۇنىڭمۇ ھەممە مېيىنى ئاجرىتىپ چىقارسۇن؛ كاھىن بۇلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان بارلىق قۇربانلىقلارغا قوشۇپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. شۇ يول بىلەن كاھىن ئۇنىڭ سادىر قىلغان گۇناھى ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.

## ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى، يەنى «ئىتائەتسىزلىكنى تىلەش قۇربانلىقى»

5 [1] ئەگەر بىرسى مەلۇم ئىشقا گۇۋاھچى بولۇپ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا قەسەم بۇيرۇلغىنىدا كۆرگىنى ياكى بىلگىنىدىن مەلۇمات بەرمىسە، ئۇنداقتا ئۇ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ. [2] ئەگەر بىرسى ئۆزى بىلمەي ناپاك بىر نەرسىگە تېگىپ كەتسە ــ مەيلى ئۇ ناپاك بىر ھايۋاننىڭ جەسىتى بولسۇن، مەيلى ناپاك بىر چارپاينىڭ جەسىتى بولسۇن، ياكى ناپاك بىر ئۆمىلىگۈچى ھايۋاننىڭ جەسىتى بولسۇن، مۇشۇنداق نەرسىگە تېگىپ كەتسە ئۇمۇ ناپاك سانىلىپ

**31:4** مىس. 18:29؛ لاۋ. 3:3، 4، 14

گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ؛ 3 ئەگەر شۇنىڭدەك بىرسى ئۆزى تۇيماي
مەلۇم كىشىنىڭ ئادەمنى ناپاك قىلىدىغان ھەرقانداق نىجاستىگە
تېگىپ كەتسە، شۇنداقلا ئۇ بۇنى بىلىپ يەتسە، ئۇنداقتا ئۇ گۇناھكار
ھېسابلىنىدۇ. 4 ئەگەر بىرسى ئاڭسىز رەۋىشتە يامان ياكى ياخشى بىر
ئىشنى قىلاي دەپ قەسەم قىلىپ سالسا (كىشىلەر ھەرتۈرلۈك ئىش
توغرىسىدا ئاڭسىز رەۋىشتە قەسەم قىلىشى مۇمكىن)، شۇنداقلا ئۇ
بۇنى تونۇپ يەتسە، ئۇ بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ.
5 بىرسى يۇقىرىقى ھەرقايسى ئىشلاردا مەن گۇناھكار بولدۇم دەپ
بىلسە، ئۇ ئۆز گۇناھىنى «مەن مۇنداق گۇناھ قىلدىم» دەپ ئىقرار
قىلسۇن؛ 6 ئاندىن ئۆزى سادىر قىلغان گۇناھىنىڭ كافارىتى ئۈچۈن
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا «ئىتائەتسىزلىكنى تىلىگۈچى قۇربانلىق»
سۈپىتىدە ئۇششاق مالدىن ساغلىق ۋە يا بىر چىشى ئۆچكىنى گۇناھ
قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسۇن؛ ئاندىن كاھىن ئۇنى گۇناھىدىن
پاكلاندۇرۇشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرسۇن.

7 ئەگەر ئۇ قويلاردىن قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، ئۇ قىلغان
ئىتائەتسىزلىكى ئۈچۈن ئىككى پاختەك ياكى ئىككى باچكىنى
ئېلىپ كېلىپ، بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرىنى
كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا سۇنسۇن.
8 ئۇ بۇلارنى كاھىننىڭ قېشىغا كەلتۈرگەندە، كاھىن ئاۋۋال گۇناھ
قۇربانلىقىغا تەييارلانغاننى قۇربانلىق قىلىپ بويىنىنى ئۈزمەي،
بېشىغا يېقىن جايىدىن تولغىسۇن، لېكىن بېشىنى بويىنىدىن ئۈزۈۋ
ۋەتمىسۇن؛ 9 ئاندىن گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ قېنىدىن ئازغىنا ئېلىپ
قۇربانگاھنىڭ تېمىغا چاچسۇن؛ قالغان قېنى بولسا قۇربانگاھنىڭ

**2:5** ھاگ. 2:13؛ 2كور. 6:17
**7:5** لاۋ. 12:8؛ لۇقا 2:24
8:5 **«كاھىن ئاۋۋال گۇناھ قۇربانلىقىغا...»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ئاۋۋال گۇناھ قۇربانلىقىغا...»
**8:5** لاۋ. 1:15

تۇۋىگە سىقىپ چىقىرىلسۇن. بۇنىڭ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولىدۇ.
[10] ئەمما ئىككىنچىسىنى بولسا بېكىتىلگەن بەلگىلىمە بويىچە
كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ سۇنسۇن. بۇ يول بىلەن كاھىن ئۇنىڭ
قىلغان گۇناھى ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن
كەچۈرۈلىدۇ.
[11] ئەگەر ئىككى پاختەك ياكى ئىككى باچكىنى كەلتۈرۈشكە قۇربى
يەتمىسە، ئۇنداقتا گۇناھ قىلغان كىشى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن
ئېسىل ئۇندىن بىر ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرىنى كەلتۈرسۇن؛ بۇ گۇناھ
قۇربانلىقى بولغاچقا ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە زەيتۇن مېيى قۇيمىسۇن
ياكى ئۈستىگە ھېچقانداق مەستىكى سالمىسۇن؛ چۈنكى ئۇ گۇناھ
قۇربانلىقى بولىدۇ. [12] ئۇ ئۇنى كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن ۋە
كاھىن بۇنىڭدىن سۇنغۇچىنىڭ «يادلىنىش ئۈلۈشى» سۈپىتىدە
بىر چاڭگال ئېلىپ، شۇنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلغان
قۇربانلىقلارغا قوشۇپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. بۇنىڭ
ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولىدۇ. [13] بۇ يول بىلەن ئۇ شۇ گۇناھلاردىن
قايسىسىنى قىلغان بولسا، كاھىن ئۇنىڭ ئۈچۈن كەفارەت
كەلتۈرىدۇ. ئاشلىق ھەدىيەلىرىدىكىگە ئوخشاش قالغان قىسمى
كاھىنغا تەۋە بولىدۇ.
[14] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[15] بىرسى بىلمەي پەرۋەردىگارغا ئاتالغان مۇقەددەس نەرسىلەرگە
نىسبەتەن ئىتائەتسىزلىك قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزسە، ئۇنداقتا ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا ئۇششاق مالدىن بېجىرىم بىر قوچقارنى
ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسۇن؛ شۇ ئىتائەتسىزلىك
قۇربانلىقى بولغان قوچقارنىڭ باھاسىنى سەن مۇقەددەس جايدىكى

---

**10:5** لاۋ. 15:1

**11:5** **«بىر ئەفاھ»** ــ تەخمىنەن 2 كۈرە ياكى 22 لىتر.

**12:5** لاۋ. 2:2؛ 35:4

**13:5** لاۋ. 3:2

شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە كۈمۈش شەكەلگە توختاتقىن.

[16] ئاندىن شۇ كىشى مۇقەددەس نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقىدىن بولغان زىياننى تولدۇرسۇن، شۇنداقلا زىياننىڭ بەشتىن بىرى بويىچە قوشۇپ كاھىنغا تۆلەم تۆلىسۇن. بۇ يول بىلەن كاھىن ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى بولغان قوچقارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.

[17] ئەگەر بىرسى بىلمەي پەرۋەردىگارنىڭ «قىلما» دېگەن ھەرقانداق ئەمرلىرىنىڭ بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلىپ، گۇناھكار بولغان بولسا ئۇ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ؛ [18] شۇنداق بولسا، ئۇ ئۇششاق مالدىن سەن توختاتقان قىممەتتە بېجىرىم بىر قوچقارنى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىپ سۇنسۇن. بۇ يول بىلەن كاھىن ئۇنىڭ بىلمەي ئۆتكۈزگەن ئىتائەتسىزلىكى ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ ئىتائەتسىزلىك گۇناھى ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.

---

15:5 **«سەن... توختاتقىن»** — بۇ ئايەتتىكى ئەمر مۇسا پەيغەمبەرگە ئېيتىلغان؛ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى كاھىن مەسئۇل بولسا شۇنىڭغىمۇ ئېيتىلىدۇ. **«شەكەل»** — كۈمۈشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئادەتتە 11.4 گرامغا باراۋەر بولۇشى مۇمكىن. «مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى» شۈبھىسىزكى، پۈتكۈل ئەل ئۈچۈن ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بولسۇن دەپ مۇقەددەس جايدا ساقلانغان، مۇقىم بېكىتىلگەن بىرنەچچە خىل ئۆلچەم بىرلىكى بولسا كېرەك. **«... ئۇششاق مالدىن بېجىرىم بىر قوچقارنى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسۇن؛ شۇ ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى ... ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە كۈمۈش شەكەلگە توختاتقىن»** — يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: — «...ئۇششاق مالدىن بېجىرىم بىر قوچقارنى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىپ سۇنسۇن ياكى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقىنىڭ ئورنىغا سەن كاھىن مۇقەددەس جايدىكى كۈمۈش شەكەلنىڭ بىرلىكى بويىچە توختاتقان باھا بويىچە كۈمۈش شەكەل كەلتۈرسۇن».

**15:5** مىس. 13:30؛ لاۋ. 27:2-27.

16:5 **«... خاتالىقىدىن بولغان زىياننى تولدۇرسۇن، شۇنداقلا زىياننىڭ بەشتىن بىرى بويىچە قوشۇپ كاھىنغا تۆلەم تۆلىسۇن»** — مۇشۇ ئايەتلەردىكى «زىيان» ئەسلىدە كەلتۈرۈلۈش كېرەك بولغان بىر قۇربانلىق ياكى ھەدىيەنىڭ قىممىتىنى ياكى ناپاك ھالەتتە بۇلغاپ قويغان مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇنداق گۇناھ قىلغان كىشى: (1) بېجىرىم بىر قوچقار ئېلىپ كېلىدۇ؛ (2) كاھىن شۇ قوچقارغا باھا قويىدۇ؛ (3) قوچقارنىڭ باھاسى زىياندىن كەم بولسا شۇ كىشى تولدۇرىدۇ؛ (4) ئۇنىڭدىن باشقا زىيانغا بەشتىن بىرىنى قوشۇپ تۆلەيدۇ.

[19]بۇ ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇ دەرھەقىقەت
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئىتائەتسىزلىك قىلغان.

6 [1]ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2]ئەگەر بىرسى گۇناھ قىلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
ۋاپاسىزلىق قىلىپ، قوشنىسى ئۆزىگە ئامانەت ياكى كاپالەتكە
بەرگەن بىر نەرسە ياكى قوشنىسىدىن زوراۋانلىق بىلەن بۇلىۋالغان
مەلۇم بىر نەرسە توغرىسىدا يالغان گەپ قىلغان بولسا ياكى
قوشنىسىدىن ناھەقلىق بىلەن مەلۇم نەرسىنى تارتىۋالغان بولسا،
[3]ياكى يىتىپ كەتكەن بىر نەرسىنى تېپىۋېلىپ ئۇنىڭدىن تانسا
ياكى كىشىلەرنىڭ گۇناھ سادىر قىلغان ھەرقانداق بىر ئىشى
توغرىسىدا يالغان قەسەم ئىچسە، [4]ئۇ گۇناھ قىلغان ئىشتا ئۆزىنى
گۇناھكار دەپ تونۇپ يەتسە، ئۇنداقتا ئۇ بۇلىۋالغان ياكى ناھەق
تارتىۋالغان نەرسە ياكى ئۇنىڭغا ئامانەتكە بېرىلگەن نەرسە
بولسۇن، ياكى يىتىپ كېتىپ تېپىۋالغان نەرسە بولسۇن، [5]ياكى ئۇ
ھەرقانداق نەرسە توغرىسىدا يالغان قەسەم ئىچكەن بولسۇن، ئۇنىڭ
ھەممىسىنى تولۇق باھاسى بويىچە تۆلىسۇن، شۇنداقلا شۇ باھانىڭ
بەشتىن بىر قىسمى بويىچە قوشۇپ تۆلىسۇن؛ ئۇ ئىتائەتسىزلىك
قۇربانلىقىنى قىلغان كۈنىدە تۆلەمنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ
بەرسۇن. [6]ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا ئىتائەتسىزلىك
قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئۇششاق مالدىن سەن توختاتقان قىممەت
بويىچە بىجىرىم بىر قوچقارنى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى
قىلىپ كاھىنىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلسۇن. [7]كاھىن بۇ يول بىلەن
ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كەفارەت كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇ

---

6:4 **«ئۇ گۇناھ قىلغان ئىشتا ئۆزىنى گۇناھكار دەپ تونۇپ يەتسە،...»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ گۇناھ قىلغان ئىشتا ئىتائەتسىزلىك قىلسا،...».

6:6 **«سەن توختاتقان قىممەت بويىچە...»** ــ «سەن» بۇ يەردە ھارۇننى كۆرسىتىدۇ؛ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى كاھىن مەسئۇل بولسا شۇنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ھەرقايسى ئىشتا ئىتائەتسىزلىك قىلغان بولسىمۇ ئۇ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.
[8] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[9] سەن ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق توغرىسىدا ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگىن: ــ كۆيدۈرمە قۇربانلىق توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام مۇنداق بولىدۇ: ــ كۆيدۈرمە قۇربانلىق پۈتۈن كېچە تاڭ ئاتقۇچە قۇربانگاھتىكى ئوچاقنىڭ ئۈستىدە كۆيۈپ تۇرسۇن؛ ۋە قۇربانگاھنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەي يېنىق تۇرغۇزۇڭلار. [10] كاھىن كاناپ تونىنى كىيىپ، يالىڭاچلىقىنى يېپىپ، ساغرىسىغىچە كاناپ ئىچ تامبال كىيىپ تۇرسۇن؛ قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدىكى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلگەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ كۈلىنى ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ بىر تەرىپىدە قويسۇن؛ [11] ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ باشقا كىيىملەرنى كىيىپ، كۈلنى چېدىرگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ پاكىز بىر جايدا قويسۇن. [12] قۇربانگاھنىڭ ئوتى بولسا ھەمىشە يېنىپ تۇرسۇن؛ ئۇنى ھېچ ۋاقىت ئۆچۈرۈشكە بولمايدۇ. كاھىن ئۆزى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا ئوتۇن سېلىپ، ئۈستىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى تىزسۇن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ مېيىنى قويۇپ كۆيدۈرسۇن. [13] ئۈزۈلمەس بىر ئوت قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە ھەمىشە كۆيۈپ تۇرسۇن؛ ئۇ ھەرگىز ئۆچۈرۈلمىسۇن.

## ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئاشلىق ھەدىيەلىرى

[14] ئاشلىق ھەدىيەسى توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام مۇنداق: ــ ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا، قۇربانگاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرسۇن. [15] ئۇ ئاشلىق ھەدىيەسى بولغان ئېسىل ئۇنغا قولىنى سېلىپ ئۇنىڭدىن شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى زەيتۇن مېيىدىن بىر چاڭگال ئېلىپ ۋە ھەدىيەنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق مەستىكىنى

11:6 ئىبر. 11-13:13، يۇھ. 41:19
14:6 چۆل. 21-4:15.

قوشۇپ، بۇلارنى قۇربانگاھ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن؛ بۇ ھەدىيەنىڭ
«يادلىنىش ئۈلۈشى» بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خۇشبۇي
كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان بولىدۇ. [16] ئېشىپ قالغانلىرىنى بولسا
ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرى يېسۇن؛ ئۇ ئېچىتقۇ سېلىنماي پىشۇرۇلۇپ
مۇقەددەس بىر جايدا يېيىلسۇن؛ ئۇلار ئۇنى جامائەت چېدىرىنىڭ
ھويلىسىدا يېسۇن. [17] ئۇ مۇتلەق ئېچىتقۇسىز پىشۇرۇلسۇن. مەن
ئۇتتا ماڭا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق-ھەدىيەلەر ئىچىدىن شۇنى
ئۇلارنىڭ ئۆز ئۈلۈشى بولسۇن دەپ ئۇلارغا ھەق قىلىپ بەردىم؛ ئۇ
گۇناھ ۋە ئىتائەتسىزلىكنى تىلىگۈچى قۇربانلىقلارغا ئوخشاش
«ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىنىدۇ. [18] ھارۇننىڭ ئەۋلادىدىن
بولغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن يېسۇن؛ بۇ دەۋردىن-
دەۋرگە ئاراڭلاردا ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولىدۇ؛ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
ئۇتتا سۇنۇلغانلىرىدىن بۇلار ئۇلارنىڭ ئۈلۈشى بولسۇن. ئۇنىڭغا قول
تەگكۈزگۈچى جەزمەن مۇقەددەس بولۇشى كېرەك.

[19] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[20] ھارۇن مەسىھلىنىدىغان كۈنىدە ئۇ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىغا سۇنىدىغىنى مۇنداق بولۇشى كېرەك: ــ ئۇلار ئۈزۈلمەس ئاشلىق
ھەدىيەسى سۈپىتىدە ئېسىل ئۇندىن بىر ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرىنى
سۇنۇشى كېرەك؛ ئەتىگىنى يېرىمىنى، ئاخشىمى يەنە يېرىمىنى سۇنسۇن.
[21] ئۇ تاۋىدا زەيتۇن مېيى بىلەن ئېتىلسۇن؛ ئۇ زەيتۇن مېيىغا چىلاپ
پىشۇرۇلغاندىن كېيىن سەن ئۇنى ئېلىپ كىر؛ ئاشلىق ھەدىيەسىنىڭ
پىشۇرۇلغان پارچىلىرىنى خۇشبۇي سۈپىتىدە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ

**15:6** لاۋ. 9:2

**18:6 «ئۇنىڭغا قول تەگكۈزگۈچى جەزمەن مۇقەددەس بولۇشى كېرەك»** ــ ياكى «ئۇنىڭغا تەگكۈچى ھەرقانداق نەرسە مۇقەددەس نەرسە بولۇشى كېرەك».

**18:6** مىس. 37:29

سۈنغىن. [22] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قايسىسى ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇشقا مەسىھلەنگەن بولسا ئۇمۇ ھەدىيەنى شۇنداق تەييارلاپ سۇنسۇن؛ بۇ ئەبەدىي مۇتلەق بىر بەلگىلىمە بولىدۇ. بۇ ھەدىيە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ تولۇق كۆيدۈرۈلسۇن. [23] كاھىننىڭ ھەربىر ئاشلىق ھەدىيەسى بولسا پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈلسۇن؛ ئۇ ھەرگىز يېيىلمىسۇن.

## گۇناھ قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام

[24] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ

[25] ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېگىن: ــ گۇناھ قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام مۇنداق: ــ گۇناھ قۇربانلىقىمۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق بوغۇزلىنىدىغان جايدا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلانسۇن؛ بۇ خىل قۇربانلىق «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىنىدۇ. [26] گۇناھ قۇربانلىقىنى ئۆتكۈزگۈچى كاھىن ئۆزى ئۇنى يېسۇن؛ قۇربانلىق مۇقەددەس بىر يەردە، جامائەت چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا يېيىلسۇن. [27] ئۇنىڭ گۆشىگە قول تەگكۈزگۈچى ھەركىم مۇقەددەس بولمىسا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇنىڭ قېنى بىرسىنىڭ كىيىمىگە چاچراپ كەتسە، ئۇنداقتا قان چېچىلغان جاي مۇقەددەس بىر يەردە يۇيۇلسۇن. [28] قايسى ساپال قازاندا قۇربانلىق قاينىتىلىپ پىشۇرۇلغان بولسا، ئۇ سۇندۇرۇلسۇن. ئەگەر ئۇ مىس قازاندا قاينىتىپ پىشۇرۇلغان بولسا، ئۇ قىرىپ سۈرۈلسۇن ھەم سۇ بىلەن يۇيۇلسۇن. [29] كاھىنلاردىن بولغان بارلىق ئەر كىشىلەر ئۇنىڭدىن يېسە بولىدۇ. بۇ «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىنىدۇ.

[30] ھالبۇكى، مۇقەددەس جايدا كەفارەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن قېنى جامائەت چېدىرىغا كىرگۈزۈلگەن ھەرقانداق گۇناھ قۇربانلىقى بولسا، ھەرگىز يېيىلمىسۇن، بەلكى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈلسۇن.

---

**21:6** «... **كېيىن سەن ئۇنى ئېلىپ كىر**» ــ «سەن» بۇ يەردە ھارۇننى كۆرسىتىدۇ؛ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى كاھىن مەسئۇل بولسا شۇنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**30:6** لاۋ. 5:4؛ ئىبر. 11:13

## ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام

7 [1] ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام مانا مۇنداق: — بۇ قۇربانلىق «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىنىدۇ. [2] كۆيدۈرمە قۇربانلىق بوغۇزلىنىدىغان جايدا ئىتائەتسىزلىكنى تىلەش قۇربانلىقمۇ بوغۇزلىنىدۇ؛ كاھىن قېنىنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئەتراپىغا سەپسۇن. [3] قۇربانلىق قىلغۇچى كىشى بارلىق مېيىنى سۇنسۇن؛ يەنى مايلىق قۇيرۇقى بىلەن ئىچ قارنىنى يۆگەپ تۇرغان مايىنى، [4] ئىككى بۆرەكنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەمدە ئىككى يانپىشىدىكى مايىنى ئاجرىتىپ، جىگەرنىڭ بۆرەككىچە بولغان چاۋا مېيىنى ئاجرىتىپ سۇنسۇن. [5] كاھىن بۇلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق سۈپىتىدە قۇربانگاھتا كۆيدۈرسۇن. بۇ ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى بولىدۇ. [6] كاھىنلاردىن بولغان ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى يېسۇن؛ ئۇ مۇقەددەس يەردە يېيىلسۇن؛ ئۇ «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىنىدۇ.

[7] گۇناھ قۇربانلىقى قانداق بولسا ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقمۇ شۇنداق بولىدۇ؛ ئۇلار ئىككىسى توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام ئوخشاش؛ بۇ قۇربانلىق كەفارەت كەلتۈرۈشكە قۇربانلىق ئۆتكۈزگۈچى كاھىننىڭ ئۆزىگە تەۋە بولسۇن.

## كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرىدىن كاھىنلارغا تېگىدىغان ئۈلۈشى توغرۇلۇق بەلگىلىمە

[8] كاھىن بىرسىنىڭ سۇنغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنى ئۆتكۈزگەن بولسا، كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ تېرىسى شۇ كاھىننىڭ بولىدۇ. [9] تونۇردا پىشۇرۇلغان ھەربىر ئاشلىق ھەدىيەسى، شۇنداقلا قازاندا ياكى

3:7 **«قۇربانلىق قىلغۇچى كىشى»** — ئىبرانىي تىلدا «ئۇ».

6:7 **«مۇقەددەس يەردە»** — بۇ سۆزلەر مۇقەددەس جايىنىڭ ئەتراپىدىكى ھويلىنى كۆرسىتىدۇ، «مۇقەددەس چېدىر» («ئەڭ مۇقەددەس جاي» ۋە «مۇقەددەس جاي»)نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

تاۋىدا ئىتىلگەن ھەربىر ئاشلىق ھەدىيەسى بولسا ئۇنى ئۆتكۈزگەن كاھىننىڭ بولىدۇ، يەنى كاھىننىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ. [10] ھەربىر ئاشلىق ھەدىيەسى، مەيلى زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان بولسۇن، ياكى قۇرۇق كەلتۈرۈلگەن بولسۇن، بۇلار ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەربىرىگە باراۋەر بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

## ئىناقلىق قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام

[11] پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كەلتۈرۈلگەن ئىناقلىق قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام مۇنداق: ــ
[12] سۇنماقچى بولغان كىشى ئۇنى تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن سۇنسا، ئۇنداقتا ئۇ «تەشەككۈر قۇربانلىقى» بىلەن بىللە زەيتۇن مېيى ئىلەشتۇرۇلگەن پېتىر توقاچلار، زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈپ مەسىھلەنگەن پېتىر ھەمەك نانلار ۋە ئېسىل ئۇندىن زەيتۇن مېيىغا چىلاپ پىشۇرۇلغان توقاچلارنىمۇ كەلتۈرسۇن. [13] شۇ توقاچلاردىن باشقا، يەنە تەشەككۈر ئېيتىدىغان ئىناقلىق قۇربانلىقى بىلەن بىللە ئېچىتقۇ سېلىنغان نانلارنىمۇ سۇنسۇن؛ [14] ئۇ شۇ سۇنغانلىرىنىڭ ھەربىر تۈرىدىن بىرنى ئېلىپ پەرۋەردىگار ئۈچۈن قوش قوللاپ سۇنىدىغان «كۆتۈرمە ھەدىيە» قىلىپ كەلتۈرسۇن؛ بۇ ئىناقلىق قۇربانلىقىنىڭ قېنىنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىگە سەپكەن كاھىننىڭ ئۆزىگە تەگسۇن. [15] تەشەككۈر بىلدۈرىدىغان ئىناقلىق قۇربانلىقىنىڭ گۆشى بولسا قۇربانلىق قىلىنغان شۇ كۈنى يېيىلىشى كېرەك؛ قۇربانلىقنى سۇنغۇچى كىشى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ ھېچ نېمىسىنى قالدۇرمىسۇن.

12:7 **«پېتىر توقاچلار»** ــ ئىبرانيي تىلدا بۇ سۆز ياكى ھالقىسمان ياكى چەككۈچ بىلەن تېشىلگەن بىرخىل نانلارنى كۆرسىتىدۇ.

12:7 **زەبۇر** 17:116.

14:7 **«كۆتۈرمە ھەدىيە»** ــ كاھىن ياكى ھەدىيەنى سۇنغان كىشى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا ئىككى قوللاپ ئالاھىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتىغان ھەدىيە. «كۆتۈرمە ھەدىيە» ئادەتتە قۇربانلىقتا مەسئۇل كاھىنغا تەۋە بولىدۇ.

15:7 **«قۇربانلىقنى سۇنغۇچى كىشى»** ــ ئىبرانيي تىلدا «ئۇ».

**16 ئەگەر ئۇنىڭ سۇنغان قۇربانلىقى قەسەمگە خاس قۇربانلىق ياكى**
**ئىختىيارىي كەلتۈرگەن قۇربانلىق بولسا، ئۇنداقتا ھايۋاننىڭ گۆشى**
**قۇربانلىق قىلىنغان كۈندە يېيىلسۇن؛ ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى**
**بولسا، ئەتىسىمۇ يېيىشكە بولىدۇ؛ 17 لېكىن قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن**
**ئۈچىنچى كۈنىگىچە ئېشىپ قالسا، ئۇ ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشى كېرەك.**
**18 ئىناقلىق قۇربانلىقىنىڭ گۆشىدىن ئۈچىنچى كۈندە يېيىلسە،**
**ئۇنداقتا قۇربانلىق قوبۇل بولمايدۇ، قۇربانلىق سۇنغۇچىنىڭ**
**ھېسابىغىمۇ ھېسابلانمايدۇ، بەلكى مەكرۇھ بولىدۇ؛ كىمدەكىم**
**ئۇنىڭدىن يېسە ئۆز قەبىھلىكىنىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ.**
**19 شۇنداقلا ناپاك نەرسىگە تېگىپ قالغان گۆشمۇ يېيىلمەسلىكى**
**كېرەك، بەلكى ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشى كېرەك. ھەرقانداق پاك ئادەم** ناپاك
نەرسىگە تەگمىگەن **قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يېسە بولىدۇ. 20 لېكىن**
**كىمكى ناپاك ھالەتتە تۇرۇپ پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ئىناقلىق**
**قۇربانلىقىدىن يېسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.**
**21 كىمكى ناپاك بىر نەرسىگە تېگىپ كەتسە (مەيلى ناپاك ھالەتتىكى**
**ئادەم بولسۇن، ناپاك بىر ھايۋان بولسۇن ياكى ھەرقانداق ناپاك**
**يىرگىنچلىك نەرسە بولسۇن) ۋە شۇنداقلا پەرۋەردىگارغا خاس ئاتالغان**
**ئىناقلىق قۇربانلىقىنىڭ گۆشىدىن يېسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز خەلقىدىن**
**ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.**

---

**16:7** لاۋ. 6:19

**20:7 «ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** — مۇشۇ سۆزلەرنىڭ مۇنداق بىرنەچچە چۈشەنچىسى بولۇشى مۇمكىن: (1) پەرۋەردىگار ئۆزى ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ؛ (2) جامائەت ئۇنى ئۆلتۈرۈشى كېرەك؛ (3) جامائەت ئۇنى ئىبادەت سورۇنلىرىدىن ھەيدىۋېتىشى ياكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇنى پالۋېتىشى كېرەك؛ (4) ئۇنىڭدىن ھېچ نەسىل قالدۇرۇلمايدۇ. بىزنىڭچە باشقا ئايەتتە ئېنىق بۇيرۇق كۆرسىتىلمىگەچكە، مۇشۇ يەردە بىرىنچى چۈشەنچە (خۇدا ئۆزى شۇ ئادەمنى دۇنيادىن كەتكۈزىدۇ) توغرا بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز.

**20:7** لاۋ. 3:15

**21:7 «ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** — 20-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

## ئاددىي پۇقرالارغا قارىتىلغان بەلگىلىمىلەر

[22] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[23] ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ــ سىلەر كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ
مېيىنى ھەرگىز يېمەڭلار. [24] ئۆزلۈكىدىن ئۆلگەن ياكى يىرتقۇچلار
بوغۇپ قويغان ھايۋاننىڭ جەسىتىنىڭ مېيىنى ھەرقانداق ئىشقا
ئىشلەتكىلى بولىدۇ، لېكىن ھەرگىز ئۇنىڭدىن يېمەڭلار. [25] چۈنكى
كىمكى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان ھەرقانداق ھايۋاننىڭ
مېيىنى يېسە، شۇنى يېگەن كىشى ئۆز خەلقلىرىدىن ئۈزۈپ
تاشلىنىدۇ.
[26] سىلەر ھەرقانداق تۇرار جايىڭلاردا ھېچقانداق قاننى، يەنى ئۇچار-
قاناتلارنىڭ بولسۇن ياكى چارپايلارنىڭ بولسۇن قېنىنى ھەرگىز
ئىستېمال قىلماڭلار. [27] كىمدەكىم ھەرقانداق قاننى ئىستېمال
قىلسا، شۇ كىشى ئۆز خەلقلىرىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.

## ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ كاھىنلارغا تەقدىم قىلىنىدىغان قىسىملىرى

[28] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[29] ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ــ كىمكى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر
ئىناقلىق قۇربانلىقى سۇنسا، ئۇنداقتا ئۇ پەرۋەردىگارغا خاس بولغان
ھەدىيەنى شۇ ئىناقلىق قۇربانلىقتىن ئايرىپ كەلتۈرسۇن. [30] ئۆز قولى
بىلەن پەرۋەردىگارغا ئاتىغان، ئوتتا سۇنۇلىدىغان ھەدىيەلەرنى، يەنى
ماي بىلەن تۆشنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، تۆشنى «پۇلاڭلاتما ھەدىيە»
سۈپىتىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلاتسۇن. [31] كاھىن مېيىنى

**25:7** **«ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** ــ 20-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.
**26:7** يار. 4:9؛ لاۋ. 3:17؛ 14:17
**27:7** **«ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** ــ 20-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.
**30:7** **«پۇلاڭلاتما ھەدىيە»** ــ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالاھىدە پۇلاڭلىتىدىغان ھەدىيەدۇر. «پۇلاڭلاتما ھەدىيە» ئادەتتە بارلىق كاھىنلارغا تەۋە بولىدۇ.
**30:7** مىس. 24:29

قۇربانگاھ ئۈستىدە كۆيدۈرۈۋەتسۇن. تۆش بولسا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا خاس بولسۇن.

[32] ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىڭلارنىڭ ئوڭ ئارقا پۇتىنى سىلەر «كۆتۈرمە ھەدىيە» سۈپىتىدە كاھىنغا بېرىڭلار. [33] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىدىن قايسىسى ئىناقلىق قۇربانلىقىنىڭ قېنى بىلەن مېيىنى سۇنغان بولسا ئۆز ئۈلۈشى ئۈچۈن ئوڭ ئارقا پۇتىنى ئۆزى ئالسۇن. [34] چۈنكى مەن ئىسرائىللارنىڭ ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىدىن «پۇلاڭلاتما ھەدىيە» بولغان تۆش بىلەن «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولغان ئارقا پۇتىنى ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بىلەن ئىسرائىللاردىن ئېلىپ، كاھىن ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەققى بولسۇن دەپ ئۇلارغا تەقدىم قىلدىم.

[35] مۇسا ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ قۇللۇقىدا كاھىن بولۇشقا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈرگەن كۈنىدە، ئۇلارغا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىقلاردىن تەقدىم قىلىنىدىغان كاھىنلىق ئۈلۈشى مانا شۇدۇر. [36] مۇسا ئۇلارنى مەسىھلىگەن كۈنىدە، پەرۋەردىگار بۇ ئۈلۈشنى ئىسرائىللاردىن ئېلىپ ئۇلارغا بېرىلسۇن دەپ ئەمر قىلغان. بۇ ئىسرائىللارغا دەۋردىن دەۋرگىچە ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولىدۇ.

## خۇلاسە

[37] كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسى، گۇناھ قۇربانلىقى بىلەن ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى، كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقى بىلەن ئىناقلىق قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام مانا

34:7 **«ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە»** — تەۋراتتىكى «ئەبەدىي» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: (1) مەڭگۈ؛ (2) شۇ ۋاقىتتىكى چېكى بېكىتىلمىگەن، قەرەلسىز، مۆھلەتسىز ئۇزۇن بىر مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

34:7 مىس. 27:29؛ چۆل. 11:18

35:7 **«مۇسا»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ».

36:7 **«مۇسا»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ».

شۇدۇر. 38 پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا: «سىلەر بۇ سىناي باياۋانىدا
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا قۇربانلىقلىرىڭلارنى سۇنۇڭلار» دەپ بۇيرۇغان
كۈنىدە، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىناي تېغىدا مۇساغا تاپشۇرغانىدى.

## كاھىنلارنىڭ خاس خىزمەتلەرگە ئايرىلىشى — «مىس.» 40:17-38نى كۆرۈڭ

8 1 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: — 2 ھارۇننى ئوغۇللىرى بىلەن
بىللە، ۋە ئۇلارنىڭ مەخسۇس كىيىملىرىنى، «مەسىھلەش
مېيى»نى، گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان تورپاق بىلەن ئىككى
قوچقارنى، پېتىر نان سېلىنغان سېۋەتنى ئېلىپ كېلىپ،
3 ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن جامائىتىنى جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش
ئاغزىنىڭ ئالدىغا جەم قىلغىن، — دېدى.
4 مۇسا پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى، جامائەت جامائەت
چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. 5 ئاندىن مۇسا
جامائەتكە: — پەرۋەردىگار بۇيرۇغان ئىش مانا مۇنداق، — دېدى.

6 شۇنىڭ بىلەن مۇسا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا
كەلتۈرۈپ ئۇلارنى سۇ بىلەن يۇيۇپ، 7 ھارۇنغا كۆڭلەك كىيدۈرۈپ،
بەلۋاغ باغلاپ، تونىنى كىيدۈردى ۋە ئۈستىگە ئەفودنى يېپىتى؛ ئۇ

---

**37:7 «كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقى»** — بۇ خىل قۇربانلىق ئىناقلىق قۇربانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ 8-باب، 22-23-ئايەتلەردە تەپسىلىي تەسۋىرلىنىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقى» «(قوللارنى) تولدۇرۇش قۇربانلىقى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ — چۈنكى خۇدا بۇ مۇراسىم ئارقىلىق ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بولغان كاھىنلارنىڭ قوللىرىنى (1) قۇربانلىقلار بىلەن ۋە (2) كاھىنلىق مەسئۇلىيىتىنى تاپشۇرۇش بىلەن «تولدۇردى».

**2:8 «مەسىھلەش مېيى»** — بۇ توغرۇلۇق «مىس.» 23:30-33نى كۆرۈڭ.

**2:8** مىس. 1:28، 2؛ 25:30

**5:8** مىس. 4:29

ئەفودنىڭ بەلۋېغىنى باغلاپ، ئەفودنى ئۇنىڭغا تاقاپ قويدى. [8] ئاندىن
مۇسا ئۇنىڭغا «قوشېن»نى تاقاپ، قوشېنىنىڭ ئىچىگە «ئۇرىم بىلەن
تۇمىمم»نى سېلىپ، [9] بېشىغا سەللە يۆگەپ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا
بۇيرۇغىنىدەك سەللىنىڭ ئالدى تەرىپىگە «ئالتۇن تاختىلىق
مۇقەددەس ئوتۇغات»نى بېكىتىپ قويدى.
[10] ئاندىن مۇسا مەسىھلەش مېيىنى ئېلىپ ئىبادەت چېدىرى بىلەن
ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەسىھلەپ مۇقەددەس
قىلدى. [11] ئۇ مايدىن ئېلىپ قۇربانگاھقا يەتتە مەرتىۋە چېچىپ،
قۇربانگاھ بىلەن ئۇنىڭ بارچە قاچا-قۇچىلىرىنى، يۇيۇنۇش دېسى ۋە
تەگلىكىنى خۇداغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلىشقا مەسىھلىدى. [12] ئۇ يەنە
مەسىھلەش مېيىدىن ئازراق ئېلىپ ھارۇننىڭ بېشىغا قۇيۇپ ئۇنى
خۇداغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلىشقا مەسىھلىدى.
[13] ئاندىن مۇسا ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ، پەرۋەردىگار
ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارغا كۆڭلەك كىيدۈرۈپ، بەللىرىگە بەلۋاغ
باغلاپ، ئۇلارغا ئېگىز بۆكلەرنىمۇ تاقاپ قويدى.

## كاھىنلارنى «خۇداغا ئاتاپ تىكلەش» قۇربانلىقلىرى

[14] ئاندىن ئۇ گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنىدىغان تورپاقنى يېتىلەپ كەلدى؛
ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنىدىغان

---

**7:8** مىس. 4:28

**8:8** **«ئەفود»، «قوشېن»، «ئۇرىم ۋە تۇمىمم»** — كاھىنلىق كىيىملەر؛ «ئەفود»، «قوشېن» («مەيدىلىك») ۋە «ئۇرىم ۋە تۇمىمم» توغرۇلۇق «مىس.» 28-بابنى كۆرۈڭ.

**8:8** مىس. 30:28

**9:8** مىس. 36:28؛ 6:29

**12:8** زەب. 2:133

**13:8** **«ئېگىز بۆكلەر»** — بۇ سۆز ھارۇننىڭ باش كىيىمىدىن باشقا بىرخىل باش كىيىمنى، بەلكىم ئېگىزرەك بىرخىل باش كىيىمنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**13:8** مىس. 9:29

تورپاقنىڭ بېشىغا قوللىرىنى قويدى. [15] ئۇ ئۇنى بوغۇزلىدى، ئاندىن مۇسا
قېنىدىن ئېلىپ، ئۆز بارمىقى بىلەن قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە،
چۆرىسىگە سۈرۈپ قۇربانگاھنى گۇناھتىن پاكلىدى؛ قالغان قاننى
بولسا ئۇ قۇربانگاھنىڭ تۈۋىگە تۆكۈپ، مۇقەددەس بولۇشقا كەفارەت
كەلتۈردى. [16] ئاندىن ئۇ ئىچ قارنىنى يۆگەپ تۇرغان مايىنىڭ ھەممىسىنى،
جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا مايىنى، ئىككى بۆرەك ۋە ئۈستىدىكى
مايلىرىنى قوشۇپ ئالدى؛ ئاندىن مۇسا بۇلارنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە
كۆيدۈردى. [17] بىراق مۇسا تورپاقنىڭ تېرىسى بىلەن گۆشى ۋە تېزىكىنى
بولسا پەرۋەردىگار ئۆزىگە بۇيرۇغىنىدەك چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىدا
ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتتى.

[18] ئاندىن ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوچقارنى كەلتۈردى؛ ھارۇن
بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويدى. [19] ھارۇن
قوچقارنى بوغۇزلىدى؛ ئاندىن مۇسا قېنىنى ئېلىپ قۇربانگاھنىڭ
ئۈستى قىسمىنىڭ ئەتراپىغا سەپتى؛ [20] ھارۇن قوچقارنى پارچە-پارچە
قىلىپ پارچىلىدى؛ ئاندىن مۇسا بېشىنى، پارچىلانغان گۆشلىرىنى
بارلىق مېيى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈردى. [21] ئۈچەي-قېرىنلىرى بىلەن
پاچاقلىرىنى سۇدا يۇدى. ئاندىن مۇسا قوچقارنى پۈتۈن پېتى قۇربانگاھ
ئۈستىدە كۆيدۈردى. بۇ پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغان، «پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان خۇشبۇي چىقىدىغان قۇربانلىق» ئىدى.

[22] ئاندىن ئۇ كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقى قىلىنىدىغان قوچقارنى،

---

**8:14** مىس. 29:1

**8:16** **«ئاندىن ئۇ ئىچ قارنىنى...»** — «ئۇ» ھارۇننى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**8:17** **«مۇسا...»** — ئىبرانيي تىلدا «ئۇ» — مۇسانى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**8:17** مىس. 29:14؛ لاۋ. 4:11

**8:18** **«...ئۇ ... كەلتۈردى؛...»** — «ئۇ» مۇسانى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**8:19** **«ھارۇن قوچقارنى بوغۇزلىدى؛»** — ئىبرانيي تىلدا «ئۇ قوچقارنى بوغۇزلىدى؛...».

**8:20** **«ھارۇن قوچقارنى پارچە-پارچە قىلىپ پارچىلىدى؛»** — ئىبرانيي تىلدا «ئۇ قوچقارنى پارچە-پارچە قىلىپ پارچىلىدى؛...».

**8:21** مىس. 29:18

ئىككىنچى قوچقارنى كەلتۈردى؛ ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويدى. [23] ئۇ ئۇنى بوغۇزلىدى؛ ۋە مۇسا ئۇنىڭ قېنىدىن ئېلىپ ھارۇننىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىغا سۈرۈپ ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ چوڭ بارمىقىغىمۇ سۈۋاپ قويدى. [24] ئاندىن مۇسا ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قاندىن ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئوڭ قۇلاقلىرىنىڭ يۇمشىقى بىلەن ئوڭ قوللىرىنىڭ باش بارماقلىرىغا سۈردى، ئۇلارنىڭ ئوڭ پۇتلىرىنىڭ چوڭ بارماقلىرىغىمۇ سۈۋاپ قويدى، قالغان قاننى مۇسا قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە سەپتى. [25] شۇنداق قىلىپ، ئۇ مېيى بىلەن مايلىق قۇيرۇقنى، ئىچ قارىنىنى يۆگەپ تۇرغان بارلىق ماي بىلەن جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا مېيىنى، ئىككى بۆرەك ۋە ئۈستىدىكى مايلىرىنى قوشۇپ ئېلىپ ئوڭ ئارقا پۇتىنىمۇ كېسىپ ئېلىپ، [26] پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىكى پېتىر نان سېلىنغان سېۋەتتىن بىر پېتىر توقاچ بىلەن بىر زەيتۇن مايلىق توقاچ ۋە بىر دانە ھەمەك ناننى ئېلىپ بۇلارنى ماي بىلەن ئوڭ ئارقا پۇتىنىڭ ئۈستىدە قويدى؛ [27] ئاندىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ، پۇلاڭلاتما ھەدىيە بولسۇن دەپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلاتتى. [28] ئاندىن مۇسا بۇلارنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن ئېلىپ قۇربانگاھتىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كۆيدۈردى. بۇ «كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقى» بولۇپ، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان، خۇشبۇي چىقىدىغان قۇربانلىق ئىدى. [29] ئاندىن مۇسا تۆشنى ئېلىپ پۇلاڭلاتما ھەدىيە سۈپىتىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلاتتى؛ پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنى بويىچە، «كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقى» بولغان قوچقارنىڭ بۇ قىسمى مۇسانىڭ ئۈلۈشى ئىدى.

---

**23:8 «ئۇ ئۇنى بوغۇزلىدى...»** — «ئۇ» ھارۇننى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**25:8** مىس. 22:29

**27:8** مىس. 24:29

**29:8** مىس. 26:29؛ لاۋ. 33:7

## ھارۇن ۋە ئوغۇللىرىنى مەسىھ قىلىش

[30] ئاندىن مۇسا مەسىھلەش مېيىدىن ۋە قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدىكى قاندىن
بىرئاز ئېلىپ، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىگە ۋە ئوغۇللىرى بىلەن
ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە سەپتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھارۇن ۋە كىيىملىرىنى،
ئوغۇللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى مۇقەددەس قىلدى.
[31] مۇسا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا مۇنداق بۇيرۇدى: ــ «بۇ
گۆشنى جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىدا قايناتىپ پىشۇرۇپ
شۇ يەردە ئولتۇرۇپ «كاھىنلىققا تىكلەش قۇربانلىقى»غا تەۋە بولغان
سېۋەتتىكى نان بىلەن قوشۇپ يەڭلار؛ بۇلارنى ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرى
يېسۇن، دەپ بۇيرۇغىنىمدەك ئۇنى يەڭلار؛ [32] لېكىن گۆش بىلەن ناندىن
ئېشىپ قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىڭلار.
[33] سىلەر يەتتە كۈنگىچە جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىدىن
چىقماي، خۇداغا ئاتاپ كاھىنلىققا تىكلەش كۈنلىرىڭلار توشقۇچە شۇ
يەردە تۇرۇڭلار؛ چۈنكى سىلەرنى خۇداغا ئاتاپ كاھىنلىققا تىكلەش
ئۈچۈن يەتتە كۈن كېتىدۇ.
[34] بۈگۈن قىلىنغان ئىشلار پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە سىلەر
ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈلسۇن دەپ قىلىندى. [35] سىلەر ئۆلمەسلىكىڭلار
ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش
ئاغزىنىڭ ئالدىدا كېچە-كۈندۈز يەتتە كۈن تۇرۇشۇڭلار كېرەك؛ چۈنكى
ماڭا شۇنداق بۇيرۇلدى».

---

**8:30** مىس. 21:29

**8:31** مىس. 32:29؛ لاۋ. 9:24

**8:33** **«خۇداغا ئاتاپ كاھىنلىققا تىكلەش»** ــ بۇ ئايەتتىكى «خۇداغا ئاتاپ كاھىنلىققا تىكلەش» ئىبرانىي تىلىدا «قولنى تولدۇرۇش» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. 37:7 ۋە «مىس.» 41:28 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. كاھىنلىق ۋەزىپىسى ئاساسەن خۇدانىڭ قۇربانلىقلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىش بىلەن باشلىناتتى.

**8:34** **«بۈگۈن قىلىنغان ئىشلار ... كەفارەت كەلتۈرۈلسۇن دەپ قىلىندى»** ــ ياكى «سىلەر ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈلسۇن دەپ، بۈگۈن قىلىنغاندەك مۇندىن كېيىنمۇ ھەم قىلىنسۇن، دەپ پەرۋەردىگار بۇيرۇدى».

36 ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرى پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن
بۇيرۇغىنىنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈردى.

## كاھىنلارنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇقەددەس ئىبادەت چېدىرىدا باشلىنىشى

9 1 سەككىزىنچى كۈنى مۇسا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە
ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ، 2 ھارۇنغا مۇنداق دېدى: —
«سەن گۇناھ قۇربانلىقىغا بىجىرىم بىر موزايىنى، كۆيدۈرمە قۇربانلىققا
بىجىرىم بىر قوچقارنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا
كەلتۈرگىن، 3 ئاندىن ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ: — سىلەر گۇناھ
قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە ئېلىپ كېلىڭلار، كۆيدۈرمە قۇربانلىق
ئۈچۈن بىر موزاي ۋە بىر قوزا ئېلىپ كېلىڭلار، ھەر ئىككىسى بىجىرىم،
بىر ياشقا كىرگەن بولسۇن؛ 4 پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سۇنۇشقا ئىناقلىق
قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تورپاق بىلەن بىر قوچقارنى ئېلىپ، زەيتۇن
مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئاشلىق ھەدىيەسى بىلەن بىللە كەلتۈرۈڭلار؛
چۈنكى بۈگۈن پەرۋەردىگار ئۆزىنى سىلەرگە ئايان قىلىدۇ، دېگىن».
5 ئۇلار مۇسا بۇيرۇغان نەرسىلەرنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كەلدى؛ پۈتكۈل جامائەت يېقىن كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ھازىر
بولۇپ تۇردى. 6 مۇسا: — مانا، بۇ پەرۋەردىگار بۇيرۇغان ئىشتۇر؛ بۇنى
قىلساڭلار پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى سىلەرگە ئايان بولىدۇ، دېدى.
7 شۇنىڭ بىلەن مۇسا ھارۇنغا: — سەن قۇربانگاھقا يېقىن بېرىپ گۇناھ
قۇربانلىقىڭ بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭنى سۇنۇپ ئۆزۈڭ ۋە خەلق
ئۈچۈن كەففارەت كەلتۈرگىن؛ ئاندىن خەلقنىڭ قۇربانلىقىنىمۇ سۇنۇپ،
پەرۋەردىگار ئەمر قىلغاندەك ئۇلار ھەققىدە كەففارەت كەلتۈرگىن» —
دېدى.

---

**2:9** مىس. 1:29

**7:9** لاۋ. 6:16؛ ئىبر. 27:7

[8]شۇنى دېۋىدى، ھارۇن قۇربانگاھقا يېقىن بېرىپ ئۆزى ئۈچۈن گۇناھ
قۇربانلىقى بولىدىغان موزايىنى بوغۇزلىدى. [9]ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى
قاننى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەردى؛ ئۇ بارمىقىنى قانغا تەگكۈزۈپ،
قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈردى، قالغان قاننى قۇربانگاھنىڭ
تۈۋىگە قۇيدى. [10]گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ مېيى بىلەن ئىككى بۆرەك
ۋە جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا مايىنى ئېلىپ، پەرۋەردىگار مۇساغا
بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارنى قۇربانگاھ ئۈستىدە كۆيدۈردى. [11]گۆش بىلەن
تېرىسىنى بولسا چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ ئوتتا
كۆيدۈردى.
[12]ئاندىن ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىدىغان قوچقارنى بوغۇزلىدى؛
ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا قاننى سۇنۇپ بەردى؛ ئۇ بۇنى
قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئەتراپىغا سەپتى. [13]ئاندىن ئۇلار
پارچە-پارچە قىلىنغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى بېشى بىلەن بىللە
ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەردى؛ ئۇ بۇلارنى قۇربانگاھتا كۆيدۈردى. [14]ئۇ ئىچ
قارنى بىلەن پاچاقلىرىنى يۇيۇپ، بۇلارنىمۇ قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە،
كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈردى.
[15]ئاندىن ئۇ خەلقنىڭ قۇربانلىقىنى كەلتۈردى؛ خەلقنىڭ گۇناھ
قۇربانلىقى بولغان تېكىنى بوغۇزلاپ، ئىلگىرى ھايۋاننى سۇنغاندەك
ئۇنىمۇ گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ سۇندى. [16]ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق
قىلىدىغان مالنى كەلتۈرۈپ بۇنىمۇ بەلگىلىمە بويىچە سۇندى.
[17]ئاندىن ئۇ ئاشلىق ھەدىيەسىنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن بىر چاڭگال
ئېلىپ ئەتىگەنلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىققا قوشۇپ قۇربانگاھ ئۈستىدە
كۆيدۈردى.

---

**15:9** لاۋ. 13:4

**17:9** **«ئەتىگەنلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىق»** — ھەر ئەتىگەندە سۇنۇلۇشى كېرەك بولغان قوزا قۇربانلىقى («مىس.» 38:29-40نى كۆرۈڭ).

**17:9** مىس. 38:29؛ لاۋ. 1:2

[18] ئاندىن خەلققە بولىدىغان ئىناقلىق قۇربانلىقى بولىدىغان تورپاق
بىلەن قوچقارنى بوغۇزلىدى. ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى قېنىنى ئۇنىڭغا
سۇنۇپ بەردى؛ ئۇ بۇنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئەتراپىغا
سەپتى. [19] ئۇلار تورپاق بىلەن قوچقارنىڭ ماي قىسمىنى، يەنى مايلىق
قۇيرۇقى، ئىچ قارنىنى يۆگەپ تۇرغان مايلىرىنى، ئىككى بۆرەك
ۋە جىگەرنىڭ چاۋا مېيىنى ئېلىپ، [20] بۇ ماي پارچىلىرىنى ئىككى
تۆشنىڭ ئۈستىدە قويدى، ھارۇن بۇلارنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە
كۆيدۈردى. [21] ئاخىرىدا ھارۇن ئىككى تۆش بىلەن ئوڭ ئارقا پۇتىنى
پۇلاڭلاتما ھەدىيە سۈپىتىدە مۇسانىڭ بۇيرۇغىنىدەك پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا پۇلاڭلاتتى. [22] ئاندىن ھارۇن قوللىرىنى خەلققە قارىتىپ
كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا بەخت تىلىدى؛ ئۇ گۇناھ قۇربانلىقى، كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقىنى سۇنۇپ، قۇربانگاھتىن چۈشتى.
[23] مۇسا بىلەن ھارۇن جامائەت چېدىرىغا كىرىپ، يەنە يېنىپ چىقىپ
خەلققە بەخت تىلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى
پۈتكۈل خەلققە ئايان بولدى؛ [24] پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىن ئوت چىقىپ،
قۇربانگاھ ئۈستىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن مايلارنى يۇتۇپ
كەتتى. پۈتكۈل خەلق بۇنى كۆرۈپ، تەۋلىشىپ، دۈم يىقىلىشتى.

## ناداب بىلەن ئابىھۇ ۋە «غەيرىي ئوت»

10 [1] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ناداب بىلەن ئابىھۇ ئىككىسى ئۆز
خۇشبۇيدىنىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ ئۈستىگە
خۇشبۇينى سېلىپ، پەرۋەردىگار ئۇلارغا بۇيرۇپ باقمىغان غەيرىي
بىر ئوتنى پەرۋەردىگارغا سۇندى؛ [2] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ

---

20:9 **«ھارۇن ... كۆيدۈردى»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ... كۆيدۈردى».

**21:9** لاۋ. 32:7

**24:9** 1پاد. 38:18؛ 2تار. 1:7

**1:10 «غەيرىي ئوت»** — ناداب ۋە ئابىھۇ بەلكىم (1) خۇشبۇي پۇرىتىشتا چوغنى بەلكىم

**ئالدىدىن ئوت چىقىپ ئۇلارنى يەۋەتتى؛ شۇئان ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ**
**ئالدىدا ئۆلدى.**
**[3] مۇسا ھارۇنغا: ــ مانا، بۇ پەرۋەردىگارنىڭ: «مەن ماڭا يېقىن كەلگەن**
**ئادەملەردە ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىمەن ۋە**
**بارلىق خەلقنىڭ ئالدىدا ئۇلۇغلىنىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزىدۇر،**
**دېدى. شۇنى دېۋىدى، ھارۇن جىم تۇرۇپ قالدى.**
**[4] مۇسا ھارۇننىڭ تاغىسى ئۇززىئەلنىڭ ئوغۇللىرى بولغان مىشائەل**
**بىلەن ئەلزافاننى چاقىرىپ ئۇلارغا: ــ سىلەر يېقىن كېلىپ ئۆز**
**قېرىنداشلىرىڭلارنى مۇقەددەس جاينىڭ ئالدىدىن كۆتۈرۈپ،**
**چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىڭلار» ــ دېدى.**
**[5] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېقىن كېلىپ، ئۇلارنى كىيىكلىك كۆڭلەكلىرى**
**بىلەن كۆتۈرۈپ مۇسانىڭ بۇيرۇغىنىدەك چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا**
**ئېلىپ چىقتى.**
**[6] مۇسا ھارۇن ۋە ئوغۇللىرى ئەلئازار بىلەن ئىتامارغا: ــ سىلەر**
**باشلىرىڭلارنى ئوچۇق قويماڭلار، كىيىملىرىڭلارنى يىرتماڭلار؛**
**بولمىسا ئۆزۈڭلار ئۆلۈپ، پۈتكۈل جامائەتكە غەزەپ كەلتۈرىسىلەر؛**
**لېكىن قېرىنداشلىرىڭلار بولغان پۈتكۈل ئىسرائىل جەمەتى**
**پەرۋەردىگار ياققان ئوت تۈپەيلىدىن ماتەم تۇتۇپ يىغلىسۇن. [7] ئەمما**
**سىلەر بولساڭلار پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھلەش مېيى ئۈستۈڭلارغا**
**سۈرۈلگەن بولغاچقا، جامائەت چېدىرىنىڭ تاشقىرىغا چىقماڭلار؛**
**بولمىسا ئۆلىسىلەر، دېدى.**
**شۇنى دېۋىدى، ئۇلار مۇسانىڭ بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.**

---

قۇربانگاھتىن باشقا بىر يەردىن ئالغان؛ (2) ئۇلار سۈنئىغان خۇشبۇينى توغرا ئارىلاشتۇرمىغان («مىس.» 9:30نى كۆرۈڭ)؛ (3) ئۇلار خۇشبۇي سۈنغاندا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمرلەرنىڭ بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا كېرەك.

**2:10** چۆل. 3:4؛ 26:61؛ 1تار. 24:2

**3:10** لاۋ. 8:35

**7:10** لاۋ. 21:12

## ھارۇن ۋە ئەۋلادلىرىغا تاپىلانغان بەلگىلىمىلەر

8 پەرۋەردىگار ھارۇنغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ 9 «سەن ئۆزۈڭ ۋە
ئوغۇللىرىڭ شاراب ۋە يا باشقا كۈچلۈك ھاراقلارنى ئىچىپ، جامائەت
چېدىرىغا ھەرگىز كىرمەڭلار؛ بولمىسا، ئۆلۈپ كېتىسىلەر. بۇ سىلەر
ئۈچۈن دەۋردىن-دەۋرگە ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولىدۇ. 10 شۇنداق
قىلساڭلار، مۇقەددەس بىلەن ئادەتتىكىنى، پاك بىلەن ناپاكنى پەرق
ئېتىپ ئاجرىتالايدىغان بولىسىلەر؛ 11 شۇنداقلا پەرۋەردىگار مۇسانىڭ
ۋاسىتىسى بىلەن ئىسرائىللارغا تاپشۇرغان ھەممە بەلگىلىمىلەرنى
ئۇلارغا ئۆگىتەلەيسىلەر».
12 مۇسا ھارۇن ۋە ئۇنىڭ تىرىك قالغان ئوغۇللىرى ئەلئازار بىلەن
ئىتامارغا مۇنداق دېدى: ــ «سىلەر پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا
سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق-ھەدىيەلەردىن ئېشىپ قالغان ئاشلىق
ھەدىيەسىنى ئېلىپ ئۇنى قۇربانگاھنىڭ يېنىدا ئېچىتقۇ
ئارىلاشتۇرمىغان ھالدا يەڭلار؛ چۈنكى ئۇ «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ
بىرى» ھېسابلىنىدۇ. 13 بۇ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا
سۇنۇلىدىغان نەرسىلەردىن سېنىڭ نېسىۋەڭ ۋە ئوغۇللىرىڭنىڭ
نېسىۋىسى بولغاچقا، ئۇنى مۇقەددەس جايدا يېيىشىڭلار كېرەك؛
چۈنكى ماڭا شۇنداق بۇيرۇلغاندۇر. 14 ئۇنىڭدىن باشقا پۇلاڭلاتما
ھەدىيە قىلىنغان تۆش بىلەن كۆتۈرمە ھەدىيە قىلىنغان ئارقا
پۇتنى سەن ۋە ئوغۇل-قىزلىرىڭ بىللە پاك بىر جايدا يەڭلار؛
چۈنكى بۇلار سېنىڭ نېسىۋەڭ بىلەن ئوغۇللىرىڭنىڭ نېسىۋىسى
بولسۇن دەپ، ئىسرائىللارنىڭ ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىدىن
سىلەرگە بېرىلگەن. 15 ئۇلار كۆتۈرمە ھەدىيە قىلىنغان ئارقا پۇت
بىلەن پۇلاڭلاتما ھەدىيە قىلىنغان تۆشنى ئوتتا سۇنۇلىدىغان

---

12:10 **«ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق-ھەدىيەلەر»** ــ «ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق-ھەدىيەلەر»دىن بەزىدە بىر قىسمى قالدۇرۇلۇپ، كاھىنغا ۋە بەزىدە سۇنغۇچى كىشىنىڭ ئۆزىگىمۇ يېيىشكە بېرىلىدۇ. قالغان قىسمى كۆيدۈرۈلىدۇ، ئەلۋەتتە.

**13:10** لاۋ. 3:2؛ 16:6

مايلىرى بىلەن قوشۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلاتما ھەدىيە سۈپىتىدە پۇلاڭلىتىش ئۈچۈن كەلتۈرسۇن؛ پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە بۇلار سېنىڭ ۋە ئوغۇللىرىڭنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ؛ بۇ ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولىدۇ».

## گۇناھ قۇربانلىقنىڭ بۇزۇلۇشى

[16] ئاندىن مۇسا گۇناھ قۇربانلىقى قىلىدىغان تېكىنى ئىزدىۋىدى، مانا ئۇ ئاللىقاچان كۆيدۈرۈلۈپ بولغانىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ ھارۇننىڭ تىرىك قالغان ئىككى ئوغلى ئەلئازار بىلەن ئىتامارغا ئاچچىقلىنىپ: [17] — نېمىشقا سىلەر گۇناھ قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى مۇقەددەس جايدا يېمىدىڭلار؟ چۈنكى ئۇ «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىناتتى، پەرۋەردىگار سىلەرنى جامائەتنىڭ گۇناھىنى كۆتۈرۈپ ئۇلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا كەفارەت كەلتۈرسۇن دەپ، شۇنى سىلەرگە تەقسىم قىلغانىدى. [18] مانا، ئۇنىڭ قېنى مۇقەددەس جاينىڭ ئىچىگە كەلتۈرۈلمىدى؛ سىلەر ئەسلىدە مەن بۇيرۇغاندەك ئۇنى مۇقەددەس جايدا يېيىشىڭلار كېرەك ئىدى، — دېدى.
[19] لېكىن ھارۇن مۇساغا: — مانا، بۇلار بۈگۈن توغرا ئىش قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھ قۇربانلىقى بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سۇندى؛ مېنىڭ بېشىمغا شۇ ئىشلار كەلدى؛ ئەگەر مەن بۈگۈن گۇناھ قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يېگەن بولسام، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە ئوبدان بولاتتىمۇ؟ — دېدى.
[20] مۇسا بۇنى ئاڭلاپ جاۋابىدىن رازى بولدى.

---

18:10 **«ئۇنىڭ قېنى مۇقەددەس جاينىڭ ئىچىگە كەلتۈرۈلمىدى»** — كاھىنلار ۋە پۈتۈن خەلق جامائىتىنىڭ گۇناھ قۇربانلىقنىڭ قېنى مۇقەددەس جاينىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىدۇ؛ كاھىنلار مۇشۇ خىل قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايتتى (4:1-21نى كۆرۈڭ).
**18:10** لاۋ. 4:5؛ 6:26؛ 27:16

## ھالال ۋە ھارام جانىۋارلار

11 [1] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا مۇنداق دېدى: ــ
[2] ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ــ يەر يۈزىدىكى بارلىق
ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە يېيىشكە بولىدىغان جانىۋارلار
شۇكى: ــ
[3] ھايۋانلار ئىچىدە ھەم تۇياقلىرى پۈتۈن ئاچىماق (تۇياقلىرى
پۈتۈنلەي يېرىق) ھەم كۆشىگۈچى ھايۋانلارنىڭ ھەربىرىنى يېسەڭلار
بولىدۇ. [4] لېكىن كۆشىگۈچى ياكى ئاچىماق تۇياقلىق ھايۋانلاردىن
تۆۋەندىكىلەرنى يېمەسلىكىڭلار كېرەك: ــ
تۆگە: چۈنكى ئۇ كۆشىگىنى بىلەن تۇيىقى ئاچىماق ئەمەس. شۇڭا ئۇ
سىلەرگە ھارام بولىدۇ.
[5] سۇغۇر بولسا كۆشىگىنى بىلەن تۇيىقى ئاچىماق ئەمەس ــ ئۇ سىلەرگە
ھارام بولىدۇ.
[6] توشقان بولسا بۇمۇ كۆشىگىنى بىلەن تۇيىقى ئاچىماق ئەمەس ــ ئۇ
سىلەرگە ھارام بولىدۇ.
[7] چوشقا بولسا تۇياقلىرى ئاچىماق (تۇياقلىرى پۈتۈنلەي يېرىق
بولغىنى بىلەن كۆشىمىگىنى ئۈچۈن سىلەرگە ھارام بولىدۇ.
[8] سىلەر شۇ ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن يېمەسلىكىڭلار كېرەك ۋە ئۇلارنىڭ
ئۆلۈكىگىمۇ تەگمەڭلار. ئۇلار بولسا سىلەرگە ھارام بولىدۇ.

[9] سۇدا ياشايدىغان جانىۋارلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى يېيىشكە بولىدۇ:
ــ سۇدىكى، يەنى دەريا-دېڭىزلاردىكى جانىۋارلاردىن قانىتى ۋە
قاسىراقلىرى بولغانلارنى يېيىشكە بولىدۇ؛ [10] لېكىن دەريا-دېڭىزلاردا
ياشايدىغان، يەنى سۇلاردا توپ-توپ ئۈزىدىغان بارلىق جانىۋارلاردىن،

---

**2:11** قان. 4:14؛ روس. 14:10

**3:11** **«كۆشىگۈچى»** ــ مۇشۇ يەردە ئىككى-ئۈچ ئاشقازىنى بار ھايۋانلارنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئوزۇقنى يۇمشاق چاينايدىغان بارلىق ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ.

**5:11** **«سۇغۇر»** ــ ياكى «سىچقان» ــ تاغلاردا ياشايدىغان كىچىك بىر ھايۋان.

قاسىراقلىرى ياكى قانىتى بولمىغانلىرىنى يېمەسلىكىڭلار كېرەك؛ ئۇلار سىلەرگە يىرگىنچلىك سانالسۇن.
[11] مەزكۇر جانىۋارلار دەرۋەقە سىلەرگە يىرگىنچلىك سانالسۇن؛ سىلەر ئۇلارنىڭ گۆشىدىن يېمەسلىكىڭلار كېرەك؛ ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى يىرگىنچلىك دەپ قاراڭلار. [12] سۇدىكى جانىۋارلارنىڭ ئىچىدىن قانىتى بىلەن قاسىرىقى بولمىغان جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە يىرگىنچلىك سانالسۇن.

## ھالال ۋە ھارام قۇشلار

[13] ئۇچار-قاناتلاردىن تۆۋەندىكىلەر سىلەرگە يىرگىنچلىكتۇر؛ ئۇلار يېيىلمەسلىكى كېرەك ۋە سىلەرگە يىرگىنچلىك بولسۇن: — يەنى بۈركۈت، قورۇلتاز-تاپقۇشلار، دېڭىز بۈركۈتى، [14] قارلىغاچ قۇيرۇقلۇق سار، لاچىن ۋە ئۇلارنىڭ خىللىرى، [15] ھەممە قاغا-قوزغۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ خىللىرى، [16] مۈشۈكياپىلاق، تۆگىقۇش، چايكا، سار ۋە ئۇلارنىڭ خىللىرى، [17] ھۇۋقۇش، قارنا، ئىبىس، [18] ئاققۇ، ساقىيقۇش، بېلىقئالغۇچ، [19] لەيلەك، تۇرنا ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، ھۆپۈپ ۋە شەپەرەڭ قاتارلىقلار سىلەرگە ھارام سانالسۇن.

13:11 **«قورۇلتاز-تاپقۇشلار»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇستىخان چاققۇچى قۇش». يەنى بىر تەرجىمىسى «بېلىقئالغۇچ».

17:11 **«ھۇۋقۇش»** — ياكى «كىچىك ھۇۋقۇش». **«قارنا»** — ياكى «سۇغا سۇڭگۇگۇچى». بۇنىڭ قانداق قۇش ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس.

19:11 **«تۇرنا»** — ياكى «قوتان». **«... تۇرنا ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، ھۆپۈپ ۋە شەپەرەڭ قاتارلىقلار...»** — بۇ تىزىملىكتىكى قۇشلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى نامى تەۋراتتا پەقەت بىر-ئىككى قېتىم كۆرۈنگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قايسى قۇشلار ئىكەنلىكىنى توپتوغرا بېكىتىش بەزىدە مۇمكىن بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تىپلىرى، شۈبھىسىزكى، تەرجىمىمىزدەك بولىدۇ.

## ھالال ۋە ھارام ھاشارەتلەر

[20] بۇنىڭدىن باشقا تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان، ئۇچىدىغان ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە يىرگىنچلىك بولىدۇ. [21] ھالبۇكى، تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان، ئۇچىدىغان ئۇششاق جانىۋارلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى يېسەڭلار بولىدۇ: ــ پۇتى بىلەن ئۇگىلىك پاچىقى بولۇپ، يەر يۈزىدە سەكرىيەلەيدىغانلارنى يېسەڭلار بولىدۇ؛ [22] بۇلارنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە يېيىشكە بولىدىغانلىرى: ــ چېكەتكە ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، قارا چېكەتكە ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، تومۇزغا ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، چاقچىقىز ۋە ئۇنىڭ خىللىرى. [23] لېكىن تۆت پۇتلۇق بولغان ئۇمىلىگۈچى ھەم ئۇچىدىغان ھەممە باشقا جانىۋارلار سىلەرگە يىرگىنچلىك سانالسۇن.

## ئۆلۈكلەر توغرۇلۇق

[24] بۇ جانىۋارلاردىن مۇنداق يول بىلەن ناپاك بولىسىلەر؛ بىركىم ئۇلارنىڭ ئۆلۈك تېنىگە تەگسە كەچ كىرگۈچە ناپاك ھېسابلىنىدۇ. [25] كىمدەكىم بۇلارنىڭ ئۆلۈكىنىڭ بىر قىسمىنى كۆتۈرسە ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇشى كېرەك، ئۇ كىشى كەچ كىرگۈچە ناپاك ھېسابلىنىدۇ.
[26] تۇياقلىرى ئاچىماق، بىراق پۇتۇنلەي پۆلۈنمىگەن ياكى كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ھارامدۇر؛ ھەركىم ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىگە تەگسە ناپاك سانالسۇن. [27] تۆت پۇتى بىلەن

---

21:11 **«تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان»** ــ ئىبرانىيلارنىڭ كۆزقارىشىچە ھاشارەتلەر تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى «قول» ھېسابلىنىدۇ.

23:11 **«سىلەرگە يېيىشكە بولىدىغانلىرى: ــ چېكەتكە ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، ... چاقچىقىز ۋە ئۇنىڭ خىللىرى... ھەممە باشقا جانىۋارلار سىلەرگە يىرگىنچلىك سانالسۇن»** ــ «چېكەتكە»دىن باشقا، ئىبرانىي تىلىدىن بۇ ھاراشەتلەرنىڭ ناملىرىنى جەزملەشتۈرۈش تەس. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ھالال-ھارام ھايۋانلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

26:11 **«ھەركىم ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىگە تەگسە...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھەركىم ئۇلارغا تەگسە...» ــ شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆرسىتىدۇ (24-ئايەتنى كۆرۈڭ). چۈنكى ئالايلى، ئېشەكنى مىنىش ئادەمنى ناپاك قىلمايدۇ.

ماقىلدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن تاپىنى بىلەن ماقىلدىغانلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ناپاك بولۇپ، ھەركىم ئۇلارنىڭ ئۆلۈك تەنلىرىگە تەگسە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانىلىدۇ. [28] كىمكى ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرسە ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇشى كېرەك، ئۇ كىشى كەچ كىرگۈچە ناپاك تۇرىدۇ. بۇ ھايۋانلار بولسا سىلەرگە ھارام بولىدۇ.

[29] يەر يۈزىدە ئۆمىلىگۈچى ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە ھارام بولغانلار مۇنۇلار: ــ قارىغۇ زوكور، چاشقان، كەسلەنچۈك ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، [30] سالما، قىزىل كەسلەنچۈك، تام كەسلەنچۈكى، تۆگۈرۈك كەسلەنچۈك ۋە خامېلېئون قاتارلىقلار ھارام بولىدۇ.
[31] بۇلارنىڭ ھەممىسى يەر يۈزىدە ئۆمىلىگۈچى ھەممە ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ ئىچىدە سىلەرگە ھارام بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىگە تەگسە، كەچ كىرگۈچە ناپاك سانىلىدۇ.
[32] بۇ جانىۋارلارنىڭ ئۆلۈكى ھەرقانداق نېمىگە چۈشۈپ قالسا شۇ نېمە ناپاك ھېسابلىنىدۇ ــ ھەرقانداق ياغاچ قاچا-قۇچا بولسۇن، كىيىم بولسۇن، تېرە بولسۇن، تاغار بولسۇن، ھەرقانداق ئىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب بولسۇن، سۇغا چىلىنىشى كېرەك؛ ئۇلار كەچ كىرگۈچە ناپاك سانىلىپ، كېيىن پاك بولىدۇ.
[33] بۇلارنىڭ بىرى ساپالدىن ياسالغان ھەرقانداق قاچا ئىچىگە چۈشۈپ قالسا، شۇ قاچا ئىچىدىكى ھەممە نەرسە ناپاك سانالسۇن ۋە قاچا ئۆزى سۇندۇرۇلسۇن. [34] ئەگەر قاچىدىكى سۇدىن ئاش-تائام ئۈستىگە چاچراپ كەتسە، ئاش-تائام ناپاك سانالسۇن ۋە شۇنداقلا قاچىدىكى ھەرقانداق ئىچىملىكمۇ ناپاك سانالسۇن. [35] ھەرنېمىگە ئۇنداق ئۆلۈكنىڭ بىرەر قىسمى چۈشۈپ قالسىمۇ، ناپاك سانالسۇن. ئەگەر تونۇر ۋە ئوچاق

29:11 **«چاشقان»** ــ ياكى «سېسىق كۆزەن».
30:11 **«...، تۆگۈرۈك كەسلەنچۈك ۋە خامېلېئون قاتارلىقلار»** ــ «خامېلېئون»دىن باشقا جانىۋارلارنىڭ ناملىرىنى ئىبرانىي تىلدىن جەزملەشتۈرۈش تەس.
**32:11** لاۋ. 12:15

بولسا، ناپاك بولدى دەپ چىقىرىۋېتىلسۇن؛ ئۇلار سىلەرگە ھارام بولسۇن.
[36] لېكىن شۇنداق ئەھۋالدا بۇلاق ياكى سۇ يىغىلىدىغان كۆلچەك يەنىلا
پاك سانىلىدۇ؛ ئەمما بىركىم ئۇلارنىڭ ئۆلۈك تېنىگە تەگسە ناپاك
بولىدۇ. [37] ئەگەر ئۇنداق ئۆلۈكنىڭ بىرەر قىسمى تېرىشقا تەييارلانغان
دانلارغا چۈشۈپ قالسا، بۇمۇ يەنىلا پاك سانىلىدۇ. [38] لېكىن ئەگەر
داننىڭ ئۈستىگە سۇ قۇيۇلغاندىن كېيىن شۇنداق بىر ئۆلۈكنىڭ بىرەر
قىسمى چۈشۈپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ دانلار سىلەرگە ناپاك سانالسۇن.
[39] ئەگەر سىلەرگە يېيىشكە بولىدىغان ھايۋانلاردىن بىرى ئۆلۈپ
قالسا، ئۇنىڭ ئۆلۈكىگە تەگكەن كىشى كەچ كىرگۈچە ناپاك
سانالسۇن. [40] كىمكى ئۇنداق ئۆلۈكنىڭ گۆشىدىن يېسە، ئۆز
كىيىملىرىنى يۇيۇشى كېرەك ۋە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن؛
شۇنداقلا ئۇنداق بىر ئۆلۈكنى كۆتۈرگەن كىشىمۇ كىيىملىرىنى
يۇيۇشى كېرەك ۋە ئۇ كىشى كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.
[41] يەر يۈزىدە ئۆمىلىگۈچى ھەممە ئۇششاق جانىۋارلار يىرگىنچلىك
سانىلىپ، ھەرگىز يېيىلمىسۇن. [42] قورسىقى بىلەن بېغىرلاپ ماڭىدىغان
جانىۋار بولسۇن، يەر يۈزىدە يۈرۈپ تۆت پۇتى بىلەن ياكى كۆپ پۇتلىرى
بىلەن ماڭىدىغان ئۆمىلىگۈچى جانىۋارلارنىڭ ھەرتۈرلۈكىنى بولسا،
ئۇلارنى ھەرگىز يېمەڭلار؛ چۈنكى ئۇلار يىرگىنچلىكتۇر.
[43] سىلەر بولساڭلار مۇنداق ئۆمىلىگۈچى جانىۋارنىڭ سەۋەبىدىن
ئۆزۈڭلارنى يىرگىنچلىك قىلماسلىقىڭلار كېرەك. ئۆزۈڭلارنى ئۇلار
تۈپەيلىدىن ناپاك قىلماڭلار، بولمىسا ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن بۇلغىنىپ
قالىسىلەر؛ [44] چۈنكى مەن خۇدايىڭلاردۇرمەن. سىلەر ئۆزۈڭلارنى
ئۆزۈمگە ئاتاپ مۇقەددەس قىلىشىڭلار كېرەك؛ مەن ئۆزۈم مۇقەددەس
بولغاچ سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى مۇقەددەس تۇتۇشۇڭلار كېرەك. سىلەر
ئۆزۈڭلارنى يەر يۈزىدە ئۆمىلىگۈچى ئۇششاق ھەرقانداق جانىۋارلارنىڭ
سەۋەبىدىن ناپاك قىلماڭلار. [45] چۈنكى مەن ئۆز خۇدايىڭلار بولۇشقا
سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن پەرۋەردىگاردۇرمەن؛

**11:44** لاۋ. 19:2؛ 20:7؛ 1پېت. 1:16

سىلەر مۇقەددەس بولۇڭلار، چۈنكى مەن مۇقەددەستۇرمەن.
[46] شۇلار بولسا چارپاي بىلەن ئۇچار-قاناتلار، سۇدا يۈرىدىغان ھەربىر
جانىۋار بىلەن يەر يۈزىدە ئۆمىلىگۈچى ھەربىر ئۇششاق جانىۋارلار
توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمىدۇر. [47] بۇلار بىلەن ھارام-ھالالنى
ئۇقۇپ، يېيىشكە بولىدىغان ھايۋان بىلەن يېيىشكە بولمايدىغان
ھايۋانلارنى پەرق ئېتەلەيسىلەر.

## ئايال كىشىنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى «پاكلىنىشى»

12 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[2] ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگىن: — «ئايال
كىشى ھامىلىدار بولۇپ ئوغۇل تۇغسا، ئادەت كۆرۈپ ئاغرىق بولغان
كۈنلىرىدىكىدەك يەتتە كۈنگىچە ناپاك سانالسۇن. [3] سەككىزىنچى
كۈنى ئوغلى بولسا خەتنە قىلىنسۇن. [4] ئايال بولسا شۇنىڭدىن
كېيىن ئوتتۇز ئۈچ كۈنگىچە «قان پاكلىنىش»تا تۇرسۇن؛ پاكلىنىش
كۈنلىرى تامام بولمىغۇچە ھېچبىر مۇقەددەس نەرسىگە تەگمىسۇن،
مۇقەددەس جايغىمۇ كىرمىسۇن. [5] ئەگەر ئۇ قىز تۇغسا ئۇنداقتا ئادەت
كۈنلىرىدىكىدەك ئىككى ھەپتىگىچە ناپاك تۇرۇپ، ئاندىن ئاتمىش
ئالتە كۈنگىچە «قان پاكلىنىش»تا تۇرسۇن.

**2:12 «ئادەت كۆرۈپ ئاغرىق بولغان كۈنلىرى»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئايرىم تۇرۇش كۈنلىرى». قىز-ئاياللار ئادەت كۆرگەن ۋاقتىدا «ناپاك» ھېسابلىنىپ، ئېرى بىلەن بىللە بولسا ئېرىمۇ كەچ كىرگۈچە «ناپاك» ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا كىرسە ياكى قۇربانلىقلارنىڭ گۆشلىرىدىن يېسە بولمايدۇ. لېكىن تەۋرات-ئىنجىل بويىچە ھەرقانداق ۋاقىتلاردا خۇدانىڭ خەلقى دۇئا-ئىبادەت قىلسا بولۇۋېرىدۇ!

**3:12 «خەتنە قىلىنسۇن»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ خەتنىلىكى كېسىلسۇن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**3:12** يار. 12:17؛ لۇقا 59:1؛ 21:2؛ يۇھ. 22:7

**4:12 «شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇز ئۈچ كۈنگىچە «قان پاكلىنىش»تا تۇرسۇن»** — ئايال ئۆز ئېرىگە يېقىنلىشىش تەرەپتە «پاك» ھېسابلىنىدۇ، لېكىن مۇقەددەس چېدىرغا كىرىپ قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

[6] مەيلى ئوغۇل ياكى قىز تۇغسۇن، قان پاكلىنىش كۈنلىرى تامام
بولغاندىن كېيىن ئۇ ئايال كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر ياشقا
كىرگەن قوزىنى، گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر باچكا ياكى پاختەكنى
ئېلىپ جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىغا، كاھىنىنىڭ قېشىغا
كەلتۈرسۇن. [7] كاھىن ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سۇنۇپ، شۇ ئايال
ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇنىدىن پاك بولىدۇ.
ئوغۇل ياكى قىز تۇغقان ئايال توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمە مانا
شۇدۇر.
[8] ئەگەر ئۇنىڭ قوزىغا قۇربى يەتمىسە، ئۇ ئىككى پاختەك ياكى ئىككى
باچكا كەلتۈرسۇن؛ ئۇلارنىڭ بىرى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن، يەنە
بىرى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بولىدۇ؛ شۇ يول بىلەن كاھىن ئۇنىڭ
ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ ئۇ ئايال پاك بولىدۇ.

## ھەرخىل تېرە كېسەللىرى توغرۇلۇق بەلگىلىمىلەر

13 [1] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[2] بىرسىنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىدە بىر چىقان، ياكى تەمرەتكە
ياكى پارقىراق تاشما چىقىپ، ئۇنىڭدىن بەدىنىنىڭ تېرىسىدە پېسە-
ماخاۋ كېسىلىنىڭ جاراھىتى پەيدا بولغان بولسا، ئۇ كىشى ھارۇن
كاھىنىنىڭ ياكى ئۇنىڭ كاھىن ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ قېشىغا كەل
تۈرۈلسۇن. [3] كاھىن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ جاراھىتىگە قارايدۇ؛ جاراھەت

8:12 **«ئەگەر ئۇنىڭ قوزىغا قۇربى يەتمىسە...»** — ئىبرانىي تىلىدا: — «ئەگەر ئۇنىڭ قوزا ئېلىشقا قولى قىسقىلىق قىلسا...». **«ئۇ ئايال پاك بولىدۇ»** — بۇ باپتىكى «ئايالىلارنىڭ پاكلىقى» دېگەن تېما توغرۇلۇق كۆپ ئۇقۇشماسلىقلار بولغاچقا، بىز ئۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

2:13 **«بەدىنىنىڭ تېرىسىدە»** — دېمەك، ساقال ياكى چاچلىرى ئىچىدە ئەمەس (29-37نىمۇ كۆرۈڭ). **«پېسە-ماخاۋ»** — بۇ بابلاردىكى «پېسە-ماخاۋ» كېسىلى پەقەت ماخاۋ كېسىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى نەچچە خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

بولغان جايىنىڭ تۈكى ئاقىرىپ كەتكەن ھەمدە جاراھەتمۇ ئەتراپىدىكى تېرىدىن قېنىقراق كۆرۈنسە، بۇ پېسە-ماخاۋ كېسەللىكىدۇر. شۇڭا كاھىن ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن شۇ كىشىنى «ناپاك» دەپ جاكارلىسۇن.
4 لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىدىكى پەيدا بولغان ئاشۇ
يالتىراق چىقان ئاق بولۇپ، ئەتراپىدىكى تېرىدىن قېنىقراق
كۆرۈنمىسە ۋە تۈكىمۇ ئاقىرىپ كەتمىگەن بولسا، كاھىن بۇ جاراھەت
بار كىشىنى يەتتە كۈنگىچە ئايرىم سولاپ قويسۇن. 5 يەتتىنچى كۈنى
كاھىن ئۇنىڭغا قارىسۇن ۋە ئەگەر جاراھەت ئۇخشاش تۇرۇپ، تېرىسىدە
كېڭىيىپ كەتمىگەن بولسا، كاھىن ئۇنى يەنە يەتتە كۈنگىچە ئايرىم
سولاپ قويسۇن. 6 يەتتىنچى كۈنى كاھىن ئۇنىڭغا يەنە قارىسۇن ۋە
جاراھەتنىڭ رەڭگى سۇسلاشقان ۋە كېڭىيىپ كەتمىگەن بولسا،
ئۇنداقتا كاھىن ئۇنى «پاك» دەپ جاكارلىسۇن؛ جاراھەتنىڭ پەقەت
بىر چاقا ئىكەنلىكى بېكىتىلىپ، كېسەل كىشى ئۆز كىيىملىرىنى
يۇيۇپ پاك سانالسۇن.
7 لېكىن ئەگەر ئۇ كاھىنغا كۆرۈنۈپ «پاك» دەپ جاكارلانغاندىن كېيىن
شۇ چاقا تېرىسىدە كېڭىيىپ كەتسە، ئۇنداقتا ئۇ يەنە بىر قېتىم
كاھىنغا كۆرۈنسۇن. 8 كاھىن ئۇنىڭغا يەنە قارىسۇن ۋە ئەگەر چاقا
ئۇنىڭ تېرىسىدە كېڭىيىپ كەتكەن بولسا، كاھىن ئۇنى «ناپاك» دەپ
جاكارلىسۇن؛ ئۇ جاراھەت پېسە-ماخاۋدۇر.
9 ئەگەر بىركىمدە پېسە-ماخاۋ جاراھىتى پەيدا بولۇپ قالسا كاھىننىڭ
قېشىغا كەلتۈرۈلسۇن. 10 كاھىن ئۇنىڭ جاراھىتىگە سەپسېلىپ
قارىسۇن؛ ۋە ئەگەر تېرىسىدە ئاق بىر چىقان پەيدا بولغان، تۈكى ئاقىرىپ
كەتكەن بولسا ۋە چىقان چىققان جايدا ئەت-گۆشى كۆرۈنۈپ قالغان
بولسا، 11 بۇ ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىگە چۈشكەن كونا پېسە-ماخاۋ
جاراھىتىنىڭ قايتىدىن قوزغىلىشى بولۇپ، كاھىن ئۇنى «ناپاك» دەپ
جاكارلىسۇن. ئۇ ناپاك بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى سولاشنىڭ ھاجىتى يوق.
12 لېكىن ئەگەر پېسە-ماخاۋ قوزغىلىپ، جاراھىتى بار كىشىنىڭ
تېرىسىگە يېيىلىپ كەتكەن بولسا، كاھىن نەگىلا قارىسا شۇ يەردە

شۇ «پېسە-ماخاۋ» بولسا، تېرىسىنى بېشىدىن پۇتىغىچە قاپلاپ
كەتكەن بولسا، 13 ئۇنداقتا كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىسۇن؛ مانا،
شۇ پېسە-ماخاۋ جاراھىتى پۈتۈن بەدىنىنى قاپلاپ كەتكەن بولسا، ئۇ
جاراھىتى بار كىشىنى «پاك» دەپ جاكارلىسۇن؛ چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن
بەدىنى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ «پاك» دەپ سانالسۇن.
14 لېكىن قاچانىكى ئۇنىڭدا ئەت-گۆشى كۆرۈنۈپ قالسا، ئۇ كىشى
ناپاك سانالسۇن. 15 كاھىن مۇنداق كۆرۈنگەن ئەت-گۆشىگە قاراپ،
ئۇ كىشىنى «ناپاك» دەپ جاكارلىسۇن؛ چۈنكى شۇ ئەت-گۆش ناپاك
بولۇپ، ئۇ پېسە-ماخاۋ كېسىلىدۇر.
16 ھالبۇكى، ئەگەر ئەت-گۆشى قايتىدىن ئۆزگىرىپ، ئاقارسا ئۇ كىشى
يەنە كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلسۇن. 17 كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ
قارىسۇن؛ جاراھەت ئاقارغان بولسا، كاھىن جاراھىتى بار كىشىنى
«پاك» دەپ جاكارلىسۇن؛ ئۇ پاك سانىلىدۇ.
18 ئەگەر بىركىمنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىگە ھۆررەك چىقىپ ساقىيىپ،
19 ھۆررەكنىڭ ئورنىدا ئاق چىقان ياكى قىزغۇچ داغ پەيدا بولغان بولسا،
كاھىنغا كۆرسىتىلسۇن. 20 كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىسۇن؛ ئەگەر
داغ ئەتراپىدىكى تېرىدىن قېنىقراق كۆرۈنسە، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى
تۈكلەر ئاقىرىپ قالغان بولسا، ئۇنداقتا كاھىن ئۇنى «ناپاك» دەپ
جاكارلىسۇن؛ چۈنكى بۇ ھۆررەكتىن قوزغىلىپ پەيدا بولغان پېسە-
ماخاۋ كېسىلى جاراھىتىدۇر.
21 لېكىن كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىغاندا، داغ چىققان جايدا
ئاقىرىپ قالغان تۈكلەر بولمىسا، ۋە داغمۇ ئەتراپىدىكى تېرىدىن
قېنىقراق بولمىسا، رەڭگى سەل سۇسراق بولغان بولسا، ئۇنداقتا
كاھىن ئۇنى يەتتە كۈنگىچە ئايرىم سولاپ قويسۇن. 22 ئەگەر داغ
دەرۋەقە تېرىسىگە يېيىلىپ كەتكەن بولسا، كاھىن ئۇنى «ناپاك» دەپ
جاكارلىسۇن؛ چۈنكى بۇ پېسە-ماخاۋ جاراھىتىدۇر.
23 ئەمما ئەگەر داغ ئۆز جايىدا توختاپ يېيىلمىغان بولسا، بۇ پەقەت
ھۆررەكنىڭ زەخمى، خالاس؛ كاھىن ئۇنى «پاك» دەپ جاكارلىسۇن.

## كۆيۈك يارىسى توغرۇلۇق

[24] ئەگەر بىرسىنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىنىڭ مەلۇم جايى كۆيۈپ قېلىپ، كۆيگەن جاي ئاق-قىزغۇچ ياكى پۈتۈنلەي ئاق داغ بولۇپ قالسا، [25] كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىسۇن؛ ئەگەر شۇ داغدىكى تۈكلەر ئاقىرىپ كەتكەن، داغمۇ ئەتراپىدىكى تېرىدىن قېنىقراق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ كۆيۈك يارىسىدىن پەيدا بولغان پېسە-ماخاۋ كېسىلىدۇر؛ كاھىن ئۇنى «ناپاك» دەپ جاكارلىسۇن؛ چۈنكى ئۇ پېسە-ماخاۋ جاراھىتىدۇر.

[26] لېكىن ئەگەر كاھىن سەپسېلىپ قارىغاندا، داغنىڭ ئورنىدا ھېچقانداق ئاقىرىپ كەتكەن تۈك بولمىسا، شۇنداقلا داغمۇ ئەتراپىدىكى تېرىدىن قېنىق بولمىسا، بەلكى رەڭگى سۇس بولسا، ئۇنداقتا كاھىن ئۇنى يەتتە كۈنگىچە ئايرىم سولاپ قويسۇن. [27] يەتتىنچى كۈنى كاھىن ئۇنىڭغا يەنە قارىسۇن؛ داغ تېرىسىدە كېڭىيىپ كەتكەن بولسا، كاھىن ئۇنى «ناپاك» دەپ جاكارلىسۇن؛ چۈنكى ئۇ پېسە-ماخاۋ جاراھىتىدۇر.

[28] ئەمما ئەگەر داغ جايىدا توختاپ، يېيىلمىغان بولسا، شۇنداقلا رەڭگى سۇس بولسا، بۇ پەقەت كۆيۈكتىن بولغان چاۋارتقۇ، خالاس؛ كاھىن ئۇنى «پاك» دەپ جاكارلىسۇن؛ چۈنكى ئۇ كۆيۈكنىڭ تاتۇقى، خالاس.

## چاچ ياكى ساقال ئىچىدە پەيدا بولغان جاراھەتلەر

[29] ئەگەر بىر ئەر ياكى ئايال كىشىنىڭ بېشىدا ياكى ساقىلىدا جاراھەت پەيدا بولسا، [30] كاھىن جاراھەتكە سەپسېلىپ قارىسۇن؛ ئەگەر جاراھەت ئەتراپىدىكى تېرىدىن قېنىقراق كۆرۈنسە، ئۈستىدە شالاڭ سېرىق تۈك بولسا، ئۇنداقتا كاھىن ئۇنى «ناپاك» دەپ جاكارلىسۇن؛ چۈنكى بۇ جاراھەت قاقاچ بولۇپ، باش ياكى ساقالدىكى پېسە-ماخاۋنىڭ ئالامىتىدۇر.

[31] ئەگەر كاھىن قاقاچ جايغا سەپسېلىپ قارىغاندا، ئۇ ئەتراپىدىكى تېرىدىن قېنىق كۆرۈنمىسە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق قارا تۈكمۇ بولمىسا، ئۇنداقتا كاھىن قاقىچى بار كىشىنى يەتتە

كۈنگىچە ئايرىم سولاپ قويسۇن. [32] كاھىن يەتتىنچى كۈنى قاقاچقا يەنە سەپسېلىپ قارىسۇن؛ قاقاچ كېڭىيىپ كەتمەي، ئۈستىدىمۇ ھېچقانداق سېرىق تۈك بولمىسا، شۇنداقلا قاقاچ ئەتراپىدىكى تېرىدىن قېنىق كۆرۈنمىسە، [33] جاراھەتنى بار كىشى بارلىق چاچ-ساقىلىنى چۈشۈرۈۋەتسۇن؛ قاقاچنىڭ ئۆزىنى غىردىمىسۇن. كاھىن قاقىچى بار كىشىنى يەنە يەتتە كۈنگىچە ئايرىم سولاپ قويسۇن. [34] يەتتىنچى كۈنى كاھىن قاقاچقا سەپسېلىپ قارىسۇن؛ ئەگەر قاقاچ تېرىدە كېڭىيىپ كەتمىگەن بولسا، شۇنداقلا ئەتراپىدىكى تېرىدىن قېنىق كۆرۈنمىسە، كاھىن ئۇنى «پاك» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن ئۇ كىيىملىرىنى يۇسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاك سانىلىدۇ.

[35] لېكىن ئەگەر ئۇ «پاك» دەپ جاكارلانغاندىن كېيىن قاقاچ تېرىدە كېڭىيىپ كەتسە، [36] كاھىن ئۇنىڭغا يەنە سەپسېلىپ قارىسۇن؛ ئەگەر قاقاچ تېرىدە كېڭىيىپ كەتكەن بولسا، سېرىق تۈكنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق؛ چۈنكى بۇ كىشى ناپاكتۇر. [37] ئەگەر قاقاچ جايىدا شۇ پېتى قېلىپ، ئۈستىدىن قارا تۈك ئۈنۈپ چىققان بولسا، قاقاچ ساقايغان بولىدۇ؛ شۇ كىشى پاك بولغاچقا، كاھىن ئۇنى «پاك» دەپ جاكارلىشى كېرەك.

[38] ئەگەر ئەر ياكى ئايال كىشىنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىدە داغ پەيدا بولۇپ، بۇ داغلار پارقىراق ھەم ئاق بولسا [39] كاھىن سەپسېلىپ قارىسۇن؛ ئەگەر بەدەنىنىڭ تېرىسىدىكى شۇ داغلار سۇسلىشىپ بوز رەڭگە يۈزلەنگەن بولسا، بۇ تېرىدىن چىققان بىر تاشما، خالاس؛ بۇ كىشى پاك سانالسۇن.

## پاينەكباش توغرۇلۇق

[40] ئەگەر بىركىمنىڭ بېشىنىڭ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ پەقەت بىر تاقىر باش، خالاس؛ ئۇ پاك سانالسۇن. [41] ئەگەر ئۇنىڭ بېشىنىڭ تۈكى پېشانە تەرىپىدىن چۈشكەن بولسا، ئۇ پەقەت پاينەكباش، خالاس؛ ئۇ يەنىلا پاك سانالسۇن. [42] لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ تاقىر بېشى ياكى پاينەك بېشىدا قىزغۇچ ئاق داغ كۆرۈنسە، ئۇنداقتا

شۇ جاراھەت ئۇنىڭ تاقىر بېشى ياكى پايىنەك بېشىدىكى پېسە-ماخاۋ كېسەللىكىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. [43] كاھىن جاراھەتكە سەپسېلىپ قارىسۇن؛ ئەگەر ئۇنىڭ تاقىر بېشىدا ياكى پايىنەك بېشىدا ئىششىق جاراھەت بولسا ھەمدە پېسە-ماخاۋ كېسەللىكىنىڭ ئالامىتىدەك قىزغۇچ ئاق كۆرۈنسە، [44] ئۇنداقتا ئۇ پېسە-ماخاۋ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم بولۇپ، ناپاك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا شۇنداق جاراھەت چۈشكەن بولغاچ، كاھىن ئۇنى مۇتلەق «ناپاك» دەپ جاكارلىسۇن.

[45] شۇنداق جاراھىتى بار پېسە-ماخاۋ كېسەلى بولغان كىشى كىيىملىرى يىرتىق، چاچلىرى چۇۋۇق، بۇرۇت-ساقىلى يېپىقلىق ھالدا: «ناپاك، ناپاك!» دەپ توۋلاپ يۈرۈشى كېرەك. [46] شۇ جاراھىتى بولغان بارلىق كۈنلەردە ئۇ «ناپاك» سانىلىدۇ؛ ئۇ ناپاك بولغاچقا، ئايرىم تۇرۇشى كېرەك؛ ئۇنىڭ تۇرالغۇسى چېدىرگاھنىڭ سىرتىدا بولسۇن.

## كىيىم-كېچەك، رەخت ياكى تېرە-خۇرۇملاردا پەيدا بولغان «پېسە-ماخاۋ» كېسىلى

[47] ئەگەر بىر كىيىمدە، مەيلى يۇڭدىن ياكى كاناپتىن تىكىلگەن بولسۇن ئۇنىڭدا پېسە-ماخاۋ ئىز-دېغى پەيدا بولسا، [48] يەنى كاناپ ياكى يۇڭدىن توقۇلغان رەختتە، ئۆرۈش يىپىدا ياكى ئارقاق يىپلىرىدا بولسۇن، تېرە-خۇرۇمدا ياكى تېرىدىن ئىشلەنگەن ھەرقانداق نەرسىلەردە پېسە-ماخاۋ ئىز-دېغى بولسا، [49] شۇنداقلا كىيىم-كېچەك ياكى تېرە-خۇرۇمدا، ئۆرۈش يىپ ياكى ئارقاق يىپلىرىدا، يا تېرە-خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن نەرسىلەردە پەيدا بولغان ئىز-داغ يېشىلراق ياكى قىزغۇچ بولسا بۇ ئىز-داغ «پېسە-ماخاۋ ئىز-دېغى» دەپ قارىلىپ كاھىنغا كۆرسىتىلىس

---

45:13 **«چاچلىرى چۇۋۇق»** — ياكى «بېشى ئوچۇق».

45:13 يىغ. 15:4

47:13 **«پېسە-ماخاۋ ئىز-دېغى»** — ئىبرانىي تىلدا «پېسە-ماخاۋ يارىسى».

48:13 **«ئۆرۈش يىپىدا»** — ياكى «تەگ يىپى» — توقۇلمىلارنىڭ بويىغا تارتىلغان يىپى.

ۇن. [50] كاھىن داغقا سەپسېلىپ قارىسۇن، ئاندىن ئىز-داغ پەيدا بولغان نەرسىنى يەتتە كۈنگىچە ئايرىم ساقلىسۇن. [51] ئۇ يەتتىنچى كۈنى ئىز-داغقا قاراپ باقسۇن؛ ئىز-داغ چۈشكەن كىيىم-كېچەك، مەيلى ئارقاق يىپتا ياكى ئۆرۈش يىپتا بولسۇن، ياكى تېرە-خۇرۇمدا ياكى تېرە-خۇرۇمدىن ئېتىلگەن نەرسىدە بولسۇن، ئۇ كېڭىيىپ كەتكەن بولسا، بۇ ئىز-داغ چىرىتكۈچ پېسە-ماخاۋ كېسىلى دەپ ھېسابلىنىپ، ئۇلار ناپاك سانالسۇن. [52] شۇنىڭدەك كاھىن ئۆرۈش يىپ ياكى ئارقاق يىپىدا ئىز-داغ بولسا كىيىم-كېچەك ياكى تېرە-خۇرۇمدىن ئېتىلگەن نەرسىدە شۇنداق ئىز-داغ بولسا ئۇلارنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتسۇن؛ چۈنكى بۇ چىرىتكۈچ پېسە-ماخاۋ كېسىلىدۇر. مۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوتتا كۆيدۈرۈش كېرەكتۇر.

[53] لېكىن كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىغاندا، ئىز-داغ كىيىم-كېچەكتىكى ئۆرۈش يىپتا بولسۇن، ئارقاق يىپتا بولسۇن، ياكى تېرە-خۇرۇمدىن ئېتىلگەن نەرسىدە بولسۇن، ئىز-داغ كېڭەيمىگەن بولسا، [54] ئۇنداقتا كاھىن دېغى بار نەرسىنى يۇيۇلسۇن دەپ بۇيرۇپ، ئىككىنچى قېتىم ئۇنى يەتتە كۈنگىچە ساقلىسۇن. [55] بۇ نەرسە يۇيۇلغاندىن كېيىن كاھىن يەنە داغقا سەپسېلىپ قارىسۇن؛ ئەگەر ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمىگەن بولسا (گەرچە كېڭىيىپ كەتمىگەن بولسىمۇ)، ئۇ يەنىلا ناپاكتۇر؛ سەن ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرگىن. چۈنكى مەيلى ئۇنىڭ ئىز-دېغى ئىچ يۈزىدە بولسۇن ياكى تاش يۈزىدە بولسۇن ئۇ چىرىتكۈچ ئىز-داغ ھېسابلىنىدۇ.

[56] لېكىن ئەگەر كاھىن سەپسېلىپ قارىغاندا، مانا، داغنىڭ رەڭگى يۇيۇلغاندىن كېيىن سۇسلىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ شۇ قىسمىنى

---

49:13 **«...كىيىم-كېچەك ياكى تېرە-خۇرۇمدا ... پەيدا بولغان ئىز-داغ يېشىلراق ياكى قىزغۇچ بولسا بۇ ئىز-داغ «پېسە-ماخاۋ ئىز-دېغى» دەپ قارىلىپ كاھىنغا كۆرسىتىلسۇن»** — بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «پېسە-ماخاۋ كېسىلى»نىڭ رەخت-كىيىمگە ياكى تېرە-خۇرۇمغا يۇقۇشى بەلكىم ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق ئىش بولۇشى مۇمكىن. بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ.

كىيىم-كېچەكتىن، ئۆرۈش يىپتىن ياكى ئارقاق يىپتىن بولسۇن،
ياكى تېرە-خۇرۇمدىن بولسۇن ئۇنى يىرتىپ ئېلىپ، تاشلىۋەتسۇن.
[57] ئەگەر بۇ ئىز-داغ كىيىم-كېچەكتە، مەيلى ئارقاق يىپتا ياكى ئۆرۈش
يىپتا بولسۇن، يا تېرە-خۇرۇمدىن ئېتىلگەن نەرسىدە كۆرۈنسۇن، بۇ
كېڭىيىدىغان بىرخىل پېسە-ماخاۋ ئىز-دېغى دەپ سانالسۇن؛ سەن ئۇ
چاپلاشقان كىيىم-كېچەكنى كۆيدۈرۈۋەتكىن. [58] لېكىن ئەگەر ئىز-داغ
كىيىم-كېچەكتە بولسۇن (ئۆرۈش يىپىدا ياكى ئارقاق يىپىدا بولسۇن)
ياكى تېرە-خۇرۇمدىن ئېتىلگەن نەرسىدە بولسۇن، يۇيۇلۇش بىلەن
چىقىپ كەتسە، ئۇنداقتا بۇ ئېگىسى ئىككىنچى قېتىم يۇيۇلسۇن،
ئاندىن پاك سانالسۇن.
[59] پېسە-ماخاۋ كېسەللىنىڭكىدەك ئىز-داغ پەيدا بولغان يۇڭ ياكى
كاناپ رەختتىن توقۇلغان كىيىم-كېچەك (ئىز-داغ ئۆرۈش يىپتا ياكى
ئارقاق يىپتا بولسۇن) ياكى تېرە-خۇرۇمدىن ئېتىلگەن نەرسىلەر
توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمە مانا شۇدۇر؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى
پاك ياكى ناپاك جاكارلاشقا بولىدۇ.

## پېسە-ماخاۋ كېسەللىرىدىن پاكلىنىش بەلگىلىمىلىرى

14 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2] پېسە-ماخاۋ بولغان كىشى پاك قىلىنىدىغان كۈنىدە بەجا
قىلىنىش كېرەك بولغان قانۇن-بەلگىلىمە مانا تۆۋەندىكىدەكتۇر: ــ ئۇ
كاھىننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلسۇن. [3] كاھىن چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا
چىقىپ، پېسە-ماخاۋ بولغان كىشىگە سەپسېلىپ قارىسۇن؛ ئەگەر
پېسە-ماخاۋ بولغان كىشى كېسەلدىن ساقايغان بولسا، [4] ئۇنداقتا
كاھىن پاك قىلىنىدىغان كىشىگە پاك، تىرىك قۇشتىن ئىككىنى
ئۇنىڭغا قوشۇپ كېدىر ياغىچى، قىزىل رەخت ۋە زوفا كەلتۈرۈشكە

2:14 مات. 8:4؛ مار. 1:44؛ لۇقا 5:14؛ 17:14

بۇيرۇسۇن. [5] ئاندىن كاھىن قۇشلارنىڭ بىرىنى ئېقىن سۇ قاچىلانغان ساپال كوزىنىڭ ئۈستىدە بوغۇزلاتقىلار دەپ بۇيرۇسۇن؛ [6] ئاندىن تىرىك قۇشنى بولسا، كاھىن ئۇنى كېدىر ياغىچى، قىزىل رەخت ۋە زوفا بىلەن ئېلىپ كېلىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىك قۇش بىلەن بىرگە ئېقىن سۇنىڭ ئۈستىدە بوغۇزلانغان قۇشنىڭ قېنىغا چىلىسۇن، [7] ئاندىن پېسە-ماخاۋدىن پاك قىلىنىدىغان كىشىگە يەتتە قېتىم سېپىپ، ئۇنى پاك دەپ جاكارلىسۇن؛ ۋە تىرىك قۇشنى دالاغا قويۇپ بەرسۇن.

## «پاك قىلىنىش»تىكى يەتتە كۈن

[8] پېسە-ماخاۋدىن پاك قىلىنىدىغان كىشى كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بەدىنىدىكى بارلىق تۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، سۇدا يۇيۇنغاندىن كېيىن پاك ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا چېدىرگاھقا كىرىشكە ئىجازەت بولىدۇ؛ پەقەت ئۇ يەتتە كۈنگىچە ئۆز چېدىرىنىڭ تېشىدا تۇرۇشى كېرەك. [9] يەتتىنچى كۈنى ئۇ بەدىنىدىكى ھەممە تۈكلەرنى چۈشۈرسۇن؛ باشىنىڭ چاچ-ساقاللىرى ۋە قېشىنى، يەنى بارلىق تۈكلىرىنى چۈشۈرسۇن؛ ئۇ كىيىملىرىنى يۇيۇپ ئۆز بەدىنىنى سۇدا يۇسۇن، ئاندىن پاك بولىدۇ.

## سەككىزىنچى كۈنى

[10] سەككىزىنچى كۈنى ئۇ ئىككى بىجىرىم ئەركەك قوزا بىلەن بىر ياشقا كىرگەن بىجىرىم چىشى قوزىدىن بىرنى، شۇنىڭدەك بىر ئەفاھنىڭ ئوندىن ئۈچىگە باراۋەر زەيتۇن مېيى ئىلەشتۇرۇلگەن ئېسىل ئۇن

4:14 **«قىزىل رەخت»** ــ ياكى «قىزىل يىپ». **«زوفا»** ــ بىرخىل ئۆسۈملۈك؛ باشقا بىر ئىسمى «لىپەكگۈل».

5:14 **«ئېقىن سۇ قاچىلانغان ساپال كوزىنىڭ ئۈستىدە...»** ــ ياكى «ئېقىن سۇ ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان ساپال كوزىنىڭ ئۈستىدە...».

«ئاشلىق ھەدىيەسى»نى، بىر لوگ زەيتۇن مېيىنى كەلتۈرسۇن.
[11] ئۇنى «پاك» دەپ جاكارلايدىغان بۇ رەسىم-قائىدىنى ئۆتكۈزىدىغان
كاھىن پاك قىلىنىدىغان كىشىنى ۋە ئۇ نەرسىلەرنى جامائەت
چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىدا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ھازىر قىلسۇن.
[12] ئاندىن كاھىن ئەركەك قوزىلارنىڭ بىرىنى ئېلىپ ئىتائەتسىزلىك
قۇربانلىقى قىلىپ سۇنۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ بىر لوگ زەيتۇن
مېيىنىمۇ كەلتۈرۈپ، پۇلاڭلاتما ھەدىيە سۈپىتىدە پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا پۇلاڭلاتسۇن. [13] قوزا بولسا مۇقەددەس بىر جايىنىڭ ئىچىدە
گۇناھ قۇربانلىقى بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بوغۇزلىنىدىغان
جايدا بوغۇزلانسۇن؛ چۈنكى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى بولسا گۇناھ
قۇربانلىقىغا ئوخشاش، كاھىنغا تەۋە بولۇپ «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ
بىرى» سانىلىدۇ.
[14] كاھىن ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقىنىڭ قېنىدىن ئېلىپ پاك
قىلىنىدىغان كىشىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا ۋە ئوڭ قولىنىڭ
چوڭ بارمىقى بىلەن ئوڭ پۇتىنىڭ چوڭ بارمىقىغىمۇ سۈرۈپ قويسۇن.
[15] ئاندىن كاھىن شۇ بىر لوگ زەيتۇن مېيىدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ سول
قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئازغىنا قۇيسۇن. [16] كاھىن ئوڭ بارمىقىنى سول
قولىدىكى زەيتۇن مېيىغا چىلاپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا يەتتە
قېتىم بارمىقى بىلەن سەپسۇن.
[17] ئاندىن كاھىن قولىدىكى قالغان مايدىن ئېلىپ، پاك قىلىنىدىغان
كىشىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا، ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىغا
ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا سۈرۈلگەن ئىتائەتسىزلىك
قۇربانلىقىنىڭ قېنىنىڭ ئۈستىگە سۈرۈپ قويسۇن. [18] سۈرۈپ بولۇپ،
كاھىن قولىدىكى ئېشىپ قالغان مايىنى پاك قىلىنىدىغان كىشىنىڭ
بېشىغا قۇيسۇن. بۇ يول بىلەن كاھىن ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ

10:14 **«بىر لوگ»** — بەلكىم تەخمىنەن بىر لىتىرنىڭ يېرىمى بولۇشى مۇمكىن.

13:14 **«مۇقەددەس بىر جاي»** — مۇشۇ يەردە مۇقەددەس جايىنىڭ ھويلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**13:14** لاۋ. 7:7

ئالدىدا كەفارەت كەلتۈرىدۇ. 19 ئاندىن كاھىن گۇناھ قۇربانلىقىنى سۇنۇپ، پاك قىلىنىدىغان كىشىنى ناپاكلىقىدىن پاك قىلىشقا كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ ئاخىرىدا ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى بوغۇزلىسۇن. 20 كاھىن كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسىنى قۇربانگاھتا سۇنسۇن. بۇ يول بىلەن كاھىن ئۇنىڭ ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈپ، ئۇ كىشى پاك بولىدۇ.

21 لېكىن ئۇ كەمبەغەللىكتىن شۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، ئۆزىگە كەفارەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن «پۇلاڭلاتما ھەدىيە» سۈپىتىدە يالغۇز بىر ئەركەك قوزىنى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسۇن، شۇنىڭدەك ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن بىر ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇن بىلەن بىر لوگ زەيتۇن مېيىنى كەلتۈرسۇن 22 ۋە ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئىككى پاختەك ياكى ئىككى باچكا ئېلىپ كەلسۇن؛ بىرى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بولسۇن؛ 23 سەككىزىنچى كۈنى بۇلارنى ئۆزىنىڭ پاك قىلىنىشى ئۈچۈن جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىغا ئېلىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن. 24 كاھىن ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى بولىدىغان ئەركەك قوزا بىلەن شۇ بىر لوگ مايىنى ئېلىپ، بۇلارنى پۇلاڭلاتما ھەدىيە سۈپىتىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلاتسۇن. 25 ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىنغان ئەركەك قوزىنى بولسا ئۆزى بوغۇزلىسۇن؛ ئاندىن كاھىن ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقىنىڭ قېنىدىن ئازغىنا ئېلىپ، پاك قىلىنىدىغان كىشىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا، ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىغا ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا

21:14 **«كەفارەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن ... يالغۇز بىر ئەركەك قوزىنى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسۇن»** — مۇشۇ يەردە «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى»نىڭ سەۋەب-مەقستى ئېنىق كۆرۈنىدۇ — كېسەل بولغان كىشى كېسىلى تۈپەيلىدىن خۇداغا ھېچقانداق قۇربانلىق ياكى ھەدىيە سۇنالمىسا، شۇ ۋاقىتتىكى سۇنمىغان قۇربانلىقلىرى ئۈچۈن خۇداغا قەرزدار دەپ ھېسابلىنىدۇ. «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى» بولسا بۇ قەرزنىڭ ئورنىدا بولاتتى. مەسىلەن مەزكۇر كىتاب، 5-باب، 14-19-ئايەتنى كۆرۈڭ.

سۈرسۈن. [26] ئاندىن كاھىن مايدىن ئېلىپ، سول قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئازغىنا قۇيسۇن. [27] شۇنداق قىلىپ، كاھىن ئوڭ بارمىقى بىلەن سول قولىدىكى مايدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا يەتتە قېتىم سەپسۇن. [28] ئاندىن كاھىن ئۆزى قولىدىكى مايدىن ئېلىپ، پاك قىلىنىدىغان كىشىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا ۋە ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى بىلەن ئوڭ پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقىنىڭ قېنىنىڭ ئۈستىگە سۈرسۈن. [29] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا كەفارەت كەلتۈرۈشكە كاھىن قولىدىكى ماينىڭ قالغىنىنى پاك قىلىنىدىغان كىشىنىڭ بېشىغا قۇيسۇن؛ [30] ئاندىن شۇ كىشى ئۆز قۇربىغا قاراپ پاختەكتىن بىرنى ياكى باچكىدىن بىرنى سۇنسۇن؛ [31] ئۆز قۇربىغا قاراپ، بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ ئاشلىق ھەدىيەسى بىلەن بىللە سۇنسۇن. بۇ يولدا كاھىن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پاك قىلىنىدىغان كىشى ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ.

[32] ئۆزىدە پېسە-ماخاۋ بولغان، پاك قىلىنىشى ئۈچۈن ۋاجىپ بولىدىغان نەرسىلەرنى كەلتۈرۈشكە قۇربى يەتمەيدىغان كىشىلەر توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمە مانا شۇلاردۇر.

## پېسە-ماخاۋ كېسىلى باسقان ئۆيلەر توغرۇلۇق

[33] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا مۇنداق دېدى: — [34] — سىلەر مەن ئۆزۈڭلارغا مىراس قىلىپ بېرىدىغان قانائان زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن، مەن سىلەر ئىگە بولىدىغان شۇ زېمىندىكى بىر ئۆيگە بىرخىل پېسە-ماخاۋ يارىسىنى ئەۋەتسەم، [35] ئۆينىڭ ئىگىسى كاھىنىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇنى مەلۇم قىلىپ: «مېنىڭ ئۆيۈمگە ۋابا يۇققاندەك كۆرۈنىدۇ»، دەپ مەلۇم قىلىشى كېرەك.

---

35:14 **«مېنىڭ ئۆيۈمگە ۋابا يۇققاندەك كۆرۈنىدۇ»** — بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «پېسە-ماخاۋ كېسىلى»نىڭ ئۆيلەرگە يۇقۇشى بەلكىم ئادەمنى ھەيران قالارلىق ئىش بولۇشى مۇمكىن. بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

36 كاھىن بولسا: ــ ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەر ناپاك بولمىسۇن ئۈچۈن
مەن بېرىپ بۇ ۋاباغا سەپسېلىپ قاراشتىن بۇرۇن ئۆينى بىكارلاڭلار،
دەپ بۇيرۇسۇن. ئاندىن كاھىن كىرىپ ئۆيگە سەپسېلىپ قارىسۇن. 37 ئۇ
شۇ ۋاباغا سەپسېلىپ قارىغىنىدا، مانا ئۆينىڭ تاملىرىغا ۋابا داغلىرى
يۇققان جايلار كاۋاك بولسا، ھەم يېشىلغا مايىل ياكى قىزغۇچ بولۇپ،
تامنىڭ يۈزىدىن قېنىقراق بولسا، 38 كاھىن ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ
ئالدىغا چىقىپ، ئىشىكنى يەتتە كۈنگىچە تاقاپ قويسۇن. 39 ئاندىن
كاھىن يەتتىنچى كۈنى يېنىپ كېلىپ، سەپسېلىپ قارىغىنىدا،
ئۆينىڭ تاملىرىدىكى ئىز-داغ كېڭىيىپ كەتكەن بولسا، 40 كاھىن:
ــ ۋابا يۇققان تاشلارنى چىقىرىپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ناپاك بىر
جايغا تاشلىۋېتىڭلار، دەپ بۇيرۇسۇن. 41 شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئۆينىڭ
ئىچىنىڭ تۆت ئەتراپىنى قىردۇرسۇن ۋە ئۇلار قىرغان سۇۋاقنى بولسا
شەھەرنىڭ تېشىدىكى ناپاك بىر جايغا تۆكۈۋەتسۇن. 42 ئاندىن ئۇلار
باشقا تاشلارنى ئېلىپ، ئىلگىرىكى تاشلارنىڭ ئورنىدا قويسۇن ۋە
باشقا ھاك لاي ئېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆينى قايتىدىن سۇۋىسۇن.
43 ئەگەر ئۇ تاشلارنى چىقىرىپ، ئۆينى قىردۇرۇپ قايتىدىن سۇۋاتقاندىن
كېيىن، ئۆيدە ۋابا دېغى يەنە پەيدا بولسا، 44 ئۇنداقتا كاھىن يەنە كىرىپ
بۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىسۇن. سەپسېلىپ قارىغىنىدا، مانا ئىز-داغ
ئۆيدە كېڭىيىپ كەتكەن بولسا، بۇ ئۆيگە يۇققىنى چىرىتكۈچ ۋابا
بولىدۇ؛ ئۆي ناپاك سانىلىدۇ. 45 بۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئۆينى، يەنى ياغاچ-
تاش ۋە بارلىق سۇۋىقى بىلەن بىللە چۇشۇرۇپ، ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ
شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ناپاك بىر جايغا تاشلىۋەتسۇن. 46 كىمدەكىم ئۆي
تاقالغان مەزگىلدە ئۇنىڭغا كىرسە، ئۇ كەچ كىرگۈچە ناپاك سانىلىدۇ.
47 ئەگەر بىركىم ئۆي ئىچىدە ياتقان بولسا، كىيىملىرىنى يۇسۇن؛ ۋە ئەگەر
بىرسى ئۆيدە غىزالانغان بولسا، ئۇمۇ ئۆز كىيىملىرىنى يۇسۇن. 48 لېكىن
كاھىن كىرىپ، ئۆيگە سەپسېلىپ قارىغىنىدا ئۆي سۇۋالغاندىن كېيىن

37:14 **«... كاۋاك بولسا»** ــ ياكى «تومپىيىپ چىققان بولسا». ئىبرانىي تىلىدىكى بۇ سۆز مۇقەددەس كىتابتا بىرلا قېتىم تىپىلىدۇ.

ۋابا ئۇنىڭدا كېڭىيىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنداقتا كاھىن ئۆينى «پاك»
دەپ جاكارلىسۇن؛ چۈنكى ئۇنىڭدىكى ۋابا ساقايغان بولىدۇ.
[49] ئاندىن ئۇ ئۆينىڭ پاك قىلىنىشى ئۈچۈن ئىككى قۇش، كېدىر
ياغىچى، قىزىل رەخت بىلەن زوفا ئېلىپ كېلىپ، [50] قۇشلارنىڭ بىرىنى
ئېقىن سۇ قاچىلانغان ساپال كوزىنىڭ ئۈستىدە بوغۇزلىسۇن؛ [51] ئاندىن
ئۇ كېدىر ياغىچى، زوفا، قىزىل رەخت ۋە تىرىك قۇشنى بىللە ئېلىپ
كېلىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بوغۇزلانغان قۇشنىڭ قېنىغا،
شۇنداقلا ئېقىن سۇغا چىلاپ، ئۆيگە يەتتە مەرتىۋە سەپسۇن؛ [52] بۇ يول
بىلەن ئۇ ئۆينى قۇشنىڭ قېنى، ئېقىن سۇ، تىرىك قۇش، كېدىر ياغىچى،
زوفا ۋە قىزىل رەخت ئارقىلىق ناپاكلىقتىن پاكلايدۇ. [53] ئاندىن ئۇ
تىرىك قۇشنى شەھەرنىڭ سىرتىدا، دالادا قويۇپ بەرسۇن. ئۇ شۇنداق
قىلىپ، ئۆي ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ ئۇ ئۆي پاك سانىلىدۇ.
[54] بۇلار بولسا ھەرخىل پېسە-ماخاۋ جاراھىتى، قاقاچ، [55] كىيىم-كېچەك
ۋە ئۆيگە يۇققان پېسە-ماخاۋ ۋاباسى، [56] تېرىدىكى چىقانلار، تەمرەتكە
ۋە پارقىراق ئاق ئىز-داغلار توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمىدۇر. [57] شۇ
بەلگىلىمىلەر بىلەن بىر نەرسىنىڭ قايسى ئەھۋالدا ناپاك، قايسى
ئەھۋالدا پاك بولىدىغانلىقىنى پەرق ئېتىشكە كۆرسەتمە بېرىشكە
بولىدۇ؛ مانا بۇ پېسە-ماخاۋ توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمىدۇر.

## ئاقما توغرۇلۇق

15 [1] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2] ئىسرائىللارغا مۇنداق دەڭلار: ــ ھەرقانداق ئەركەكنىڭ
ئۆز تېنىدىن ئاقما چىقسا شۇ كىشى شۇ ئاقما سەۋەبىدىن ناپاك
سانالسۇن. [3] ئاقما چىقىشتىن بولغان ناپاكلىق توغرىسىدىكى ھۆكۈم

50:14 «**... ئېقىن سۇ قاچىلانغان ساپال كوزىنىڭ ئۈستىدە**» ــ ياكى «... ئېقىن سۇ ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان ساپال كوزىنىڭ ئۈستىدە».
2:15 «**...ئەركەكنىڭ ئۆز تېنىدىن ئاقما چىقسا...**» ــ بۇ ئايەتلەردىكى «ئەركەكنىڭ تېنى»

شۈكى، ئاقمىسى مەيلى تېنىدىن ئېقىپ تۇرسۇن ياكى ئېقىشتىن
توختىتىلغان بولسۇن، شۇ كىشى يەنىلا ناپاك سانالسۇن؛ [4] مۇنداق
ئاقما بولغان كىشى ياتقان ھەربىر ئورۇن-كۆرپە ناپاك سانىلىدۇ ۋە ئۇ
قايسى نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسا شۇ نەرسىمۇ ناپاك سانىلىدۇ.
[5] كىمكى ئۇ ياتقان ئورۇن-كۆرپىگە تەگسە، ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇپ،
سۇدا يۇيۇنسۇن، ئاندىن كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن. [6] شۇنىڭدەك
كىمكى مۇنداق ئاقما بولغان كىشى ئولتۇرغان نەرسىدە ئولتۇرسا ئۆز
كىيىملىرىنى يۇيۇپ، سۇدا يۇيۇنسۇن ۋە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.
[7] كىمكى ئاقما بولغان كىشىنىڭ تېنىگە تەگسە، ئۆز كىيىملىرىنى
يۇيۇپ، سۇدا يۇيۇنسۇن، ۋە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن. [8] ئەگەر ئاقما
بولغان كىشى پاك بىرسىگە تۈكۈرسە، شۇ كىشى ئۆز كىيىملىرىنى
يۇيۇپ، سۇدا يۇيۇنسۇن، كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.
[9] قايسىبىر ئېگەر-توقۇمنىڭ ئۈستىگە ئاقما بولغان كىشى مىنسە،
شۇ نەرسە ناپاك سانالسۇن. [10] كىمكى ئۇنىڭ تېگىدە قويۇلغان
نەرسىلەرگە تەگسە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانىلىدۇ؛ ۋە كىمكى شۇ
نەرسىلەرنى كۆتۈرسە، ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇپ، سۇدا يۇيۇنسۇن، ۋە
كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.
[11] ئاقما بولغان كىشى قولىنى يۇماستىن بىركىمگە تەگكۈزسە، شۇ
كىشى ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇپ، سۇدا يۇيۇنسۇن ۋە كەچ كىرگۈچە
ناپاك سانالسۇن. [12] ئاقما بولغان كىشى ساپال قاچىنى تۇتۇپ سالسا،
شۇ قاچا چېقىۋېتىلسۇن؛ ياغاچ قاچا بولسا سۇدا يۇيۇلسۇن.

## «ئاقمىدىن پاكلىنىش» توغرۇلۇق

[13] قاچانكى ئاقما بار كىشى ئاقما ھالىتىدىن قۇتۇلسا، ئۆزىنىڭ
پاك قىلىنىشى ئۈچۈن يەتتە كۈننى ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن
كىيىملىرىنى يۇيۇپ، ئېقىن سۇدا يۇيۇنسۇن؛ ئاندىن پاك سانىلىدۇ.

---

دېگەن سۆز كۆپ يەرلەردە ئەۋرەت، ئۇيات يەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**12:15** لاۋ. 21:6؛ 33:11

[14] سەككىزىنچى كۈنى ئىككى پاختەك ياكى ئىككى باچكىنى ئېلىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىغا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كاھىنغا تاپشۇرسۇن. [15] كاھىن ئۇلاردىن بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن سۇنسۇن. بۇ يول بىلەن كاھىن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئاقما بولغانلىقىغا كەفارەت كەلتۈرىدۇ.

[16] ئەگەر بىر ئەركەكنىڭ مەنىيسى ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇ پۈتۈن بەدىنىنى سۇدا يۇسۇن، ئۇ كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن. [17] شۇنىڭدەك ئادەمنىڭ مەنىيسى قايسى كىيىمگە ياكى تېرىسىگە يۇقۇپ قالسا، سۇدا يۇيۇلسۇن ۋە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.

[18] ئەر ۋە ئايال كىشى بىر-بىرىگە يېقىنلىشىشى بىلەن مەنىي چىقسا، ئىككىسى يۇيۇنسۇن ۋە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.

## ئايال كىشىلەردىكى ئاقما كېلىش توغرۇلۇق

[19] ئەگەر ئايال كىشىلەر ئاقما كېلىش ھالىتىدە تۇرسا ۋە ئاقمىسى خۇن بولسا، ئۇ يەتتە كۈنگىچە «ئايرىم» تۇرسۇن؛ كىمكى ئۇنىڭغا تەگسە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن. [20] «ئايرىم» تۇرۇش مەزگىلىدە، قايسى نەرسىنىڭ ئۈستىدە ياتسا، شۇ نەرسە ناپاك سانىلىدۇ، شۇنداقلا قايسى نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولسا، شۇ نەرسىمۇ ناپاك سانالسۇن. [21] ھەركىم ئۇنىڭ ئورۇن-كۆرپىسىگە تەگسە ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇپ، سۇدا يۇيۇنسۇن ۋە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن. [22] ھەركىم ئۇ ئولتۇرغان نەرسىگە تەگسە، ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇپ، سۇدا يۇيۇنسۇن ۋە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن. [23] ۋە ئەگەر بىركىم ئۇ ياتقان ياكى ئولتۇرغان جايدا قويۇلغان بىرەر نەرسىگە تەگسە، كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.

---

19:15 **«ئاقما كېلىش ھالىتى»** ــ بۇ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن ئاغرىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەۋرەت، ئۇيات يەرلىرىدىكى ھالەتلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. **«ئايرىم»** ــ بۇ ئايەتتىكى «ئايرىم» ــ ئايرىم سولاپ قويۇلسۇن دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ (مەسىلەن، 24-ئايەتنى كۆرۈڭ).

[24] ئەگەر بىر ئەر كىشى شۇ ھالەتتىكى ئايال بىلەن بىرگە ياتسا،
شۇنداقلا ئۇنىڭ خۇن ناپاكلىقى شۇ ئەرگە يۇقۇپ قالسا، ئۇ يەتتە
كۈنگىچە ناپاك سانالسۇن؛ ئۇ ياتقان ھەربىر ئورۇن-كۆرپىمۇ ناپاك
سانالسۇن.
[25] ئەگەر ئايال كىشىنىڭ ئادەت ۋاقتىنىڭ سىرتىدىمۇ بىرنەچچە
كۈنگىچە خۇنى كېلىپ تۇرسا، ياكى خۇن ئاقمىسى ئادەت ۋاقتىدىن
ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ ناپاك قان ئېقىپ تۇرغان كۈنلىرىنىڭ
ھەممىسىدە، ئۇ ئادەت كۈنلىرىدە تۇرغاندەك سانالسۇن، يەنە ناپاك
سانالسۇن. [26] قان كەلگەن ھەربىر كۈندە ئۇ قايسى ئورۇن-كۆرپە
ئۈستىدە ياتسا، بۇلار ئۇ ئادەت كۈنلىرىدە ياتقان ئورۇن-كۆرپىلەردەك
ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇ قايسى نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولسا، شۇ
نەرسە ئادەت كۈنلىرىنىڭ ناپاكلىقىدەك ناپاك سانالسۇن. [27] ھەركىم
بۇ نەرسىلەرگە تەگسە ناپاك بولىدۇ؛ شۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇيۇپ،
سۇدا يۇيۇنسۇن ۋە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.

## ئايال كىشىلەرنىڭ ھەيزدىن باشقا خۇن كېلىشتىن پاكلىنىشى

[28] ئايال كىشى قاچان خۇن كېلىشتىن ساقايسا، ئۇ يەتتە كۈننى
ھېسابلاپ، ئۆتكۈزۈپ بولغاندا پاك سانىلىدۇ. [29] سەككىزىنچى
كۈنى ئۇ ئىككى پاختەك ياكى ئىككى باچكىنى ئېلىپ جامائەت
چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىغا، كاھىننىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن. [30] كاھىن
بۇلارنىڭ بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە

---

24:15 **«خۇن ناپاكلىقى»** ــ ئەر-ئايال بىللە ياتقاندا ئايالنىڭ ئادىتى تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىپ، خۇن قېنى تاسادىپىيلىقتىن ئەر كىشىگە تېگىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئەر كىشى ئايالنىڭ ئادەت كۆرگىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان بولسا، ئۇنداقتا ھەر ئىككىسى (ئايال كىشى مەجبۇرلانمىغان بولسا، ئەلۋەتتە) خۇدانىڭ بىۋاسىتە كۆرسىتىدىغان جازاسىغا ئۇچرايدۇ (18:20نى كۆرۈڭ). شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ بۇ ئەمرىدىكى مەقسىتى، ئايال كىشىلەرگە ئاينىڭ ئەڭ قىيىن ۋاقتىدا ئارام بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

**24:15** لاۋ. 19:18

**25:15** مات. 20:9

قۇربانلىق ئۈچۈن ئۆتكۈزسۇن؛ بۇ يول بىلەن كاھىن ئۇنىڭ ناپاك
ئاقما قىنىدىن پاك بولۇشىغا ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
كەفارەت كەلتۈرىدۇ.

## خۇلاسە

[31] سىلەر مۇشۇ يول بىلەن ئىسرائىللارنى ناپاكلىقىدىن ئۈزۈڭلار؛
بولمىسا، ئۇلار ناپاكلىقىدا تۇرۇۋېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان
مېنىڭ تۇرالغۇ چېدىرىمنى بۇلغىشى تۈپەيلىدىن ناپاك ھالىتىدە
ئۆلۈپ كېتىدۇ. [32] ئاقما كېلىش ھالىتىدە بولغان كىشى ۋە مەنىي
كېتىش بىلەن ناپاك بولغان كىشى توغرىسىدا، [33] شۇنىڭدەك خۇن
كېلىش كۈنلىرىدىكى ئاغرىق ئايال كىشى توغرۇلۇق، ئاقما ھالەتتە
بولغان ئەر ۋە ئايال توغرۇلۇق، ناپاك ھالەتتىكى ئايال بىللە ياتقان ئەر
توغرۇلۇق كەلگەن قانۇن-بەلگىلىمە مانا شۇلاردۇر.

## «كەفارەت كۈنى»

16 [1] ھارۇننىڭ ئىككى ئوغلى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا
يېقىنلىشىشى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن
كېيىن، پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلدى. [2] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق
دېدى: ــ «سەن ئۆز قېرىندىشىڭ ھارۇنغا: «سەن ئۆلۈپ كەتمەسلىكىڭ
ئۈچۈن پەردىنىڭ ئىچىدىكى مۇقەددەس جايغا قويۇلغان ئەھدە
ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى «كەفارەت تەختى»نىڭ ئالدىغا ھەر ۋاقىت
كەلمە»، دېگىن. چۈنكى مەن «كەفارەت تەختى»نىڭ ئۈستىدىكى
بۇلۇتتا ئايان بولىمەن. [3] ھارۇن ئەڭ مۇقەددەس جايغا مۇنۇ يول بىلەن
كىرسۇن: ــ گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر ياش تورپاق، كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ئۈچۈن بىر قوچقارنى كەلتۈرسۇن؛ [4] ئۆزى مۇقەددەس كاناپ

**1:16** لاۋ. 1:10، 2

**2:16** مىس. 10:30؛ ئىبر. 7:9

خالتا كۆڭلەكنى كىيىپ، ئەتلىرىنى ياپىدىغان كاناپ ئىشتاننىمۇ
كىيىپ، بېلىگە بىر كاناپ بەلۋاغنى باغلاپ، بېشىغا كاناپ سەللىنى
يۆگەپ كەلسۇن. بۇلار مۇقەددەس كىيىملەر بولغاچقا، كىيىشتىن
ئىلگىرى بەدىنىنى سۇدا يۇسۇن.
5 ئۇ ئىسرائىللارنىڭ جامائىتىدىن گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن
ئىككى تېكە، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر قوچقارنى
تاپشۇرۇۋالسۇن. 6 شۇنىڭ بىلەن ھارۇن ئاۋۋال گۇناھ قۇربانلىقى
بولىدىغان تورپاقنى سۇنۇپ، ئۆزى ۋە ئۆز ئۆيىدىكىلەر ئۈچۈن
كەفارەت كەلتۈرۈشى كېرەك. 7 ئاندىن ئۇ ئىككى تېكىنى ئېلىپ،
ئۇلارنى جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزسۇن. 8 ئاندىن ھارۇن بۇ ئىككى تېكە
توغرىسىدا چەك تاشلىسۇن؛ چەكنىڭ بىرىنى «پەرۋەردىگار ئۈچۈن»،
يەنە بىرىنى «ئازازەل ئۈچۈن» تاشلىسۇن. 9 ھارۇن پەرۋەردىگارغا چەك
چۈشكەن تېكىنى كەلتۈرۈپ، گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە سۇنسۇن.
10 لېكىن «ئازازەل»گە چەك چۈشكەن تېكىنى بولسا، كەفارەت
كەلتۈرۈشى ئۈچۈن چۆلگە ھەيدىلىشكە، شۇنداقلا «ئازازەل»گە
ئەۋەتىلىشكە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تىرىك قالدۇرۇلسۇن. 11 ئاندىن
ھارۇن گۇناھ قۇربانلىقىنى، يەنى ئۆزى ئۈچۈن بولغان تورپاقنى
كەلتۈرۈپ، ئۆزى ۋە ئۆز ئۆيىدىكىلەر ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈشكە
ئۆزىگە گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان بۇ تورپاقنى بوغۇزلىسۇن؛
12 ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىكى قۇربانگاھتىن ئېلىنغان

---

**4:16 «ئەتلىرى»** — بۇ ئايەتتىكى «ئەتلىرى» دېگەن سۆز ئەۋرەت، ئۇيات يەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ

**6:16** ئىبر. 7:27، 28

**8:16 «ئازازەل»** — ئالىملار «ئازازەل» توغرۇلۇق تۆت پىكىردە بولۇپ كەلگەن: (1) بۇ ئىسىم «تېكە» بىلەن «ھەيدەلمەك» دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، «ھەيدىۋەتكەن تېكە» دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ (2) «ۋەيرانە قىلىش» ياكى «ئېلىپ تاشلىنىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ (3) تىك بىر يار؛ (4) بىر خىل جىن-ئالۋاستىنىڭ ئىسمى. بىز بىرىنچى ياكى ئىككىنچى پىكىرگە مايىلمىز (ئىككىلىسى توغرا بولۇشى مۇمكىن). «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ توغرۇلۇق توختىلىمىز. ھېچ بولمىغاندا تۆتىنچى پىكىرنى ئەڭ نامۇۋاپىق دەپ قارايمىز؛ 23-باب ۋە «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ

چوغ بىلەن تولغان بىر خۇشبۇيدانىنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ يۇمشاق ئېزىلگەن ئېسىل خۇشبۇي ئەتىر بىلەن تولدۇرۇپ، بۇنى پەردىنىڭ
ئىچىگە ئېلىپ بارسۇن؛ [13] ئاندىن خۇشبۇي ئىس-تۈتەكى ھۆكۈم-
گۇۋاھ ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى كەفارەت تەختىنى قاپلىسۇن دەپ،
خۇشبۇينى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئوتنىڭ ئۈستىگە قويسۇن؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلمەيدۇ. [14] ئۇ تورپاقنىڭ قېنىدىن ئېلىپ ئۆز
بارمىقى بىلەن كەفارەت تەختىنىڭ شەرق تەرىپىگە چېچىپ، كەفارەت
تەختىنىڭ ئالدىغىمۇ ئۆز بارمىقى بىلەن قاندىن ئېلىپ، يەتتە قېتىم
سەپسۇن.
[15] ئاندىن ئۇ خەلق ئۈچۈن گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنىدىغان تېكىنى
بوغۇزلىسۇن؛ قېنىنى پەردىنىڭ ئىچىگە كەلتۈرۈپ، تورپاقنىڭ قېنىنى
قىلغاندەك قىلسۇن، يەنى ئۇنىڭ قېنىدىن ئېلىپ كەفارەت تەختىگە
ۋە كەفارەت تەختىنىڭ ئالدىغا چاچسۇن. [16] ئۇ بۇ يول بىلەن مۇقەددەس
جاي ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئىسرائىللارنىڭ ناپاكلىقىدىن،
ھەممە ئىتائەتسىزلىكلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلىرىدىن
پاكلايدۇ ۋە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ناپاكلىقى ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان
جامائەت چېدىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق كەفارەت قىلسۇن. [17] ئۇ كەفارەت
كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرگەندىن تارتىپ ئۇنىڭدىن چىققۇچە ھېچبىر ئادەم جامائەت چېدىرى ئىچىدە بولمىسۇن؛ بۇ يول بىلەن ئۇ ئۆزى، ئۆيىدىكىلەر ۋە ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل جامائىتى ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ.
[18] ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىكى قۇربانگاھقا چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ شۇنىڭدەك تورپاقنىڭ قېنى بىلەن تېكىنىڭ قېنىدىن ئېلىپ قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىدىكى مۈڭگۈزلەرگە

---

**14:16 «شەرقىي تەرىپى»** ــ ساندۇقنىڭ ئالدى تەرىپى. **«كەفارەت تەختىنىڭ ئالدىغىمۇ»** ــ بەلكىم كەفارەت تەختىنىڭ ئالدىدىكى يەر يۈزىگە.

**14:16** لاۋ. 6:4؛ ئىبر. 25:9؛ 4:10

سورسۇن؛ [19] ئۇ بارمىقى بىلەن قاندىن ئېلىپ قۇربانگاھنىڭ ئۈستىگە يەتتە قېتىم سەپسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنى ئىسرائىللارنىڭ ناپاكلىقلىرىدىن پاكلاپ خۇداغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلىدۇ.

## گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان تىرىك تېكە توغرۇلۇق

[20] ــ مۇقەددەس جاي، جامائەت چېدىرى ۋە قۇربانگاھ ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ تىرىك تېكىنى كەلتۈرسۇن؛ [21] ئاندىن ھارۇن ئىككى قولىنى تىرىك تېكىنىڭ بېشىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئىسرائىللارنىڭ بارلىق قەبىھلىكلىرى ۋە ئىتائەتسىزلىكلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىپ، ئۇلارنى تېكىنىڭ بېشىغا ئارتسۇن؛ ئاندىن ئۇنى يېنىدا تەييار تۇرىدىغان بىر ئادەمنىڭ قولى بىلەن چۆلگە ئەۋەتىۋەتسۇن. [22] بۇ يول بىلەن تېكە ئۇلارنىڭ ھەممە قەبىھلىكلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئادەمزاتسىز چۆلگە كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ تېكىنى چۆلگە قويۇۋەتسۇن.

## ئاخىرقى رەسمىيەتلەر

[23] ــ ئاندىن ھارۇن جامائەت چېدىرىغا كىرىپ مۇقەددەس جايغا كىرگەن ۋاقتتا كىيگەن كاناپ كىيىملىرىنى سېلىپ شۇ يەردە ئۇلارنى قويۇپ قويسۇن. [24] ئۇ مۇقەددەس يەردە ئۆز بەدىنىنى سۇدا يۇيۇپ، ئۆز كىيىملىرىنى كىيىپ تاشقىرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقى بىلەن خەلقنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنى سۇنۇپ، شۇ يول

---

16:18 **«پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىكى قۇربانگاھ»** ــ (1) مۇقەددەس جايدىكى «خۇشبۇيگاھ» ياكى (2) ھويلىدىكى قۇربانگاھنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە، 20-ئايەتتىكى سۆزلەردىن (ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈچ قىسمى ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن) قارىغاندا، مۇقەددەس جايدىكى خۇشبۇيگاھنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

16:21 **«... ئىككى قولىنى تىرىك تېكىنىڭ بېشىغا قويۇپ تۇرۇپ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «ئىككى قولىنى تىرىك تېكىنىڭ بېشىغا قويۇپ ئېغىرىنى ئارتىپ...»

16:22 **«... شۇڭا ئۇ تېكىنى چۆلگە قويۇۋەتسۇن»** ــ بۇ ئىككى تېكە توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

بىلەن ئۆزى ۋە خەلق ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ. [25] شۇنداقلا ئۇ گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ مېيىنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرسۇن.
[26] «ئازازەل»گە بېكىتىلگەن تېكىنى ئېلىپ بېرىپ قويۇۋەتكەن كىشى ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بەدىنىنى سۇدا يۇيۇپ، ئاندىن چېدىرگاھقا كىرىشكە بولىدۇ. [27] كەفارەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن قېنى ئەڭ مۇقەددەس جايغا ئېلىپ كىرىلىپ، گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنغان تورپاق بىلەن گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنغان تېكىنى بىرسى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ تېرىسى، گۆشى ۋە تېزەكلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرسۇن. [28] ئۇلارنى كۆيدۈرگەن كىشى ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بەدىنىنى سۇدا يۇيۇپ، ئاندىن چېدىرگاھقا كىرىشكە بولىدۇ.

## ئۇمۇمىي بەلگىلىمىلەر

[29] — مانا بۇ سىلەرگە بىر ئەبەدىي قانۇن-بەلگىلىمە بولسۇن: — ھەر يەتتىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە سىلەر ئۆز نەپسىڭلارنى تارتىپ ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار ۋە ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار؛ مەيلى يەرلىكلەر بولسۇن ياكى ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان ياقا يۇرتلۇقلار بولسۇن شۇنداق قىلىشىڭلار كېرەك. [30] چۈنكى شۇ كۈنىدە سىلەرنى پاكلاشقا سىلەر ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈلىدۇ؛ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سىلەر ھەممە گۇناھلىرىڭلاردىن پاك بولىسىلەر. [31] بۇ كۈن سىلەرگە پۈتۈنلەي ئارام ئالىدىغان شابات كۈنى بولۇپ، نەپسىڭلارنى تارتىپ ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتىسىلەر؛ بۇ ئەبەدىي بىر بەلگىلىمىدۇر.

**27:16** لاۋ. 6:23؛ ئىبر. 11:13

**29:16 «نەپسىڭلارنى تارتىپ ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار»** — ئىبرانىي تىلدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يەھۇدىي ئەنئەنىلىرى بويىچە بۇ ئىشلار روزا تۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. **«مەيلى يەرلىكلەر بولسۇن...»** — «يەرلىكلەر» قانائان زېمىندا تۇغۇلغان ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ.

**29:16** لاۋ. 27:23

**31:16 «پۈتۈنلەي ئارام ئالىدىغان شابات»** — ئىبرانىي تىلدا «شاباتلارنىڭ شاباتى».

32 كىمكى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا كاھىنلىق يۈرگۈزۈش ئۈچۈن مەسىھ
قىلىنىپ، خۇداغا ئاتاپ تىكلەنگەن كاھىن بولسا شۇ يول بىلەن
كەفارەت كەلتۈرىدۇ. ئۇ كاناپتىن ئېتىلگەن مۇقەددەس كىيىمنى
كىيىپ تۇرۇپ، 33 ئەڭ مۇقەددەس جاي ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛
جامائەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھ ئۈچۈنمۇ كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛
قالغان كاھىنلار بىلەن بارلىق خەلقنىڭ جامائىتى ئۈچۈن ھەم كەفارەت
كەلتۈرىدۇ.
34 بۇ بولسا سىلەر ئۈچۈن ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولىدۇ؛ شۇنىڭ
بىلەن ئىسرائىللارنى بارلىق گۇناھلىرىدىن پاكلاش ئۈچۈن يىلدا بىر
قېتىم كەفارەت كەلتۈرۈپ بېرىسىلەر».
شۇنىڭ بىلەن ھارۇن پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.

## بۇتپەرەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ــ توغرا ئىبادەت توغرۇلۇق

17
1 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
2 ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بارلىق ئىسرائىللارغا مۇنداق
دېگىن: ــ پەرۋەردىگار سىلەرگە بۇيرۇغان ھۆكۈم شۇكى: ــ
3-4 ئىسرائىلنىڭ جەمەتلىرىدىن بولغان ھەرقانداق كىشى قۇربانلىق
قىلماقچى بولۇپ، كالا ياكى قوي ياكى ئۆچكىنى جامائەت چېدىرىنىڭ
كىرىش ئاغزىدا، پەرۋەردىگارنىڭ تۇرالغۇ چېدىرىنىڭ ئالدىغا،
پەرۋەردىگارغا ئاتالغان قۇربانلىق سۈپىتىدە يېتىلەپ ئەپكەلمەي،
بەلكى چېدىرگاھنىڭ ئىچىدە ياكى تاشقىرىدا بوغۇزلىسا، ئۇنىڭدىن
ئاققان قان شۇ كىشىنىڭ گەدىنىگە ئارتىلىدۇ؛ بۇ ئادەم «قان تۆككەن»
دەپ، ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. 5 بۇ ھۆكۈمنىڭ مەقسىتى

32:16 **«خۇداغا ئاتاپ تىكلەنگەن كاھىن»** ــ باش كاھىن، دېمەك.

**34:16** مىس. 10:30؛ ئىبر. 7:9

**4-3:17 «ئىزاھات»** ــ بۇ ئايەت يەنە «ئىسرائىلنىڭ جەمەتلىرىدىن بولغان ھەرقانداق كىشى كالا، قوي ياكى ئۆچكىنى چېدىرگاھنىڭ ئىچىدە ياكى تاشقىرىدا بوغۇزلاپ، جامائەت چېدىرىنىڭ

ئىسرائىللارنىڭ ھازىرقىدەك دالادا مال سويۇپ قۇربانلىق قىلىشنىڭ
ئورنىغا، قۇربانلىقلىرىنى جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىدا
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كاھىنغا تاپشۇرۇپ پەرۋەردىگارغا
ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى سۈپىتىدە سۇنۇپ بوغۇزلىشى ئۈچۈندۇر.
[6] كاھىن قاننى ئېلىپ جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىنىڭ
يېنىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانگاھىنىڭ ئۈستىگە سېپىپ،
پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي كەلتۈرۈش ئۈچۈن مايىنى كۆيدۈرسۇن. [7] شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار ئەمدى بۇرۇنقىدەك بۇزۇقلۇق قىلىپ تېكە-جىنلارنىڭ
كەينىدە يۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆز قۇربانلىقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ يۈرمىسۇن.
مانا بۇ ئۇلار ئۈچۈن دەۋردىن-دەۋرگىچە ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولسۇن.
[8] سەن ئۇلارغا: ــ ئىسرائىلنىڭ جەمەتىدىن ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
تۇرۇۋاتقان ياقا يۇرتلۇقلاردىن بىرى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى باشقا
قۇربانلىق ئۆتكۈزمەكچى بولسا، [9] ئۇنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنۇش
ئۈچۈن جامائەت چېدىرىغا كىرىش ئاغزىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرمىسە، ئۇ
كىشى ئۆز خەلقلىرىدىن ئۈزۈپ تاشلانسۇن» ــ دېگىن.

## قان يېمەسلىك توغرۇلۇق

[10] ئەگەر ئىسرائىلنىڭ جەمەتىدىن بولغان ھەرقانداق ئادەم ياكى
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان ياقا يۇرتلۇقلار قان يېسە، مەن يۈزۈمنى
قاننى يېگەن شۇ كىشىگە قارشى قىلىمەن، ئۇنى ئۆز خەلقىدىن

---

كىرىش ئاغزىدا، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ تۇرالغۇ چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنمىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئاققان قان شۇ كىشىنىڭ گەدىنىگە ئارتىلىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ تەرجىمىنى قوللايدىغان پىكىرلەرگە مايىل ئەمەسمىز. چۈنكى ئالتە يۈز مىڭ ئائىلىلىك ھەر كۈنى ئۆزلىرى ئۈچۈن (قۇربانلىق ئۈچۈن ئەمەس) سويىدىغان مالنى «چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىدا» سويۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
— —«ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىش» ــ خۇدانىڭ ئۆزى شۇ ئادەمنىڭ بېشىغا بىۋاستە جازا چۈشۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. بىزنىڭچە بۇ سۆزلەر (باشقا سۆزلەر قوشۇلمىغان ئەھۋالدا) ئىسرائىللارغا: ــ «سىلەر شۇ ئادەمنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشىڭلار كېرەك» دېگەنلىك ئەمەس.
**6:17** مىس. 18:29؛ لاۋ. 31:4

ئۇزۇپ تاشلايمەن. [11]چۈنكى ھەربىر جانىۋارنىڭ جېنى بولسا ئۇنىڭ قېنىدىدۇر؛ مەن ئۇنى جېنىڭلار ئۈچۈن قۇربانگاھ ئۈستىگە كەفارەت كەلتۈرۈشكە بەرگەنمەن. چۈنكى قان ئۆزىدىكى جاننىڭ ۋاستىسى بىلەن كەفارەت كەلتۈرىدۇ. [12]شۇڭا بۇ سەۋەبتىن مەن ئىسرائىللارغا: ــ «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار قان يېمەسلىكىڭلار كېرەك، ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان ياقا يۇرتلۇقلارمۇ قان يېمەسلىكى كېرەك» ــ دېگەنىدىم. [13]ئەگەر ئىسرائىللاردىن بىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ بىرى يېيىشكە بولىدىغان بىر چارپاي ھايۋان ياكى قۇشنى ئوۋلاپ، قېنىنى تۆكسە، ئۇنى توپا بىلەن يېپىپ قويسۇن. [14]چۈنكى ھەربىر جانىۋارنىڭ جېنى بولسا، ئۇنىڭ قېنىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ جېنى قېنىدا بولغاچ مەن ئىسرائىللارغا: «سىلەر ھېچقانداق جانىۋارنىڭ قېنىنى يېمەڭلار، چۈنكى ھەربىر جانىۋارنىڭ جېنى ئۇنىڭ قېنىدىدۇر؛ كىمكى ئۇنى يېسە ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» ــ دېدىم.

## ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرى توغرۇلۇق

[15]كىمدەكىم ئۆلۈپ قالغان ياكى يىرتقۇچلار بوغۇپ تىتما-تىتما قىلىۋەتكەن بىر ھايۋاننى يېسە، مەيلى ئۇ يەرلىك ياكى ياقا يۇرتلۇق بولسۇن ئۆز كىيىملىرىنى يۇيۇپ، سۇدا يۇيۇنسۇن ۋە كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن؛ ئاندىن ئۇ پاك بولىدۇ. [16]لېكىن ئۇ ياكى كىيىملىرىنى يۇمىسا، ياكى سۇدا بەدىنىنى يۇمىسا، شۇ كىشى ئۆز قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

---

**10:17** يار. 4:9؛ لاۋ. 17:3؛ 27:7؛ 26:19؛ قان. 23،16:12؛ 1سام. 33:14

**11:17** **«ھەربىر جانىۋارنىڭ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھەربىر ئەت ئىگىسىنىڭ».

**14:17** يار. 4:9

**15:17** مىس. 31:22؛ لاۋ. 40:11؛ ئەز. 31:44

## ئىتائەتمەن خەلق بولۇش - مەنئى قىلىنغان جىنسىي مۇناسىۋەتلەر

18 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ [2] سەن
ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ــ «مەن بولسام خۇدايىڭلار
پەرۋەردىگاردۇرمەن. [3] سىلەر ئىلگىرى تۇرغان مىسىر زېمىنىدىكىدەك
ئىشلارنى قىلماڭلار ۋە ياكى مەن سىلەرنى ئېلىپ بارىدىغان قانائان
زېمىنىدىكىدەك ئىشلارنى قىلماڭلار؛ ئۇلارنىڭ رەسىم-ئادەتلىرىدە
يۈرمەڭلار، [4] بەلكى مېنىڭ ھۆكۈملىرىمگە ئەمەل قىلىپ، قانۇن
بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇپ شۇ بويىچە مېڭىڭلار. مەن خۇدايىڭلار
پەرۋەردىگاردۇرمەن. [5] سىلەر چوقۇم مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىم بىلەن
ھۆكۈملىرىمنى تۇتۇشۇڭلار كېرەك؛ ئىنسان ئۇلارغا ئەمەل قىلىدىغان
بولسا ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ھاياتتا بولىدۇ. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[6] ــ ھېچكىم ئۆزىگە يېقىن تۇغقان بولغان ئايالغا يېقىنلىق قىلىپ
ئەۋرىتىنى ئاچمىسۇن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[7] ئاناڭنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە، بۇ ئاتاڭنىڭ ئەۋرىتىگە تەگكىنىڭ بولىدۇ؛
ئۇ سېنىڭ ئاناڭ بولغاچقا ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە تەگسەڭ بولمايدۇ.
[8] ئاتاڭنىڭ ئايالىنىڭ ئەۋرىتىگىمۇ تەگمە، چۈنكى شۇنداق قىلساڭ
ئاتاڭنىڭ ئەۋرىتىگە تەگكەندەك بولىدۇ.
[9] سەن ئاچا-سىڭلىڭنىڭ، بىر ئاتىدىن بولغان ياكى بىر ئانىدىن
بولغان، ياكى شۇ ئۆيدە تۇغۇلغان ياكى باشقا يەردە تۇغۇلغان بولسۇن،
ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە.

---

5:18 **«ھاياتتا بولىدۇ»** ــ ئەھمىيەتلىك، ھەقىقىي روھىي ھاياتتا.

**5:18** ئەز. 11:20،13؛ رىم. 5:10؛ گال. 12:3

**7:18 «ئەۋرەتكە تېگىش»** ــ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەك (ئىبرانىي تىلىدا «ئەۋرەتنى ئېچىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ). ئىبرانىي تىلىدا «ئاناڭنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچما، بۇ ئاتاڭنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقىنىڭ». خۇدا ئالدىدا ئەر-خوتۇن بىر تەن بولغاچقا، ئانىسىنىڭ ئەۋرىتىنى ئېچىش ئاتىسىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقانغا باراۋەردۇر. مۇنداق قىلمىش ئانىسىغىمۇ، ئاتىسىغىمۇ چوڭ ھۆرمەتسىزلىك، ئەلۋەتتە.

**8:18** لاۋ. 11:20؛ 1كور. 1:5

10 سەن ئۆز ئوغلۇڭنىڭ قىزى ۋە ياكى قىزىڭنىڭ قىزىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەۋرىتى سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەۋرىتىدۇر.
11 سەن ئاتاڭنىڭ ئايالىنىڭ قىزىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە؛ ئۇ ئاتاڭدىن تۇغۇلغان، سېنىڭ ئاچا-سىڭلىڭ، شۇڭا ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە.
12 سەن ئاتاڭنىڭ ئاچا-سىڭلىسىنىڭ ئەۋرىتىگىمۇ تەگمە، چۈنكى ئۇ ئاتاڭنىڭ بىرتۇغقىنىدۇر.
13 سەن ئاناڭنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئەۋرىتىگىمۇ تەگمە، چۈنكى ئۇ ئاناڭنىڭ بىرتۇغقىنىدۇر.
14 ئاتاڭنىڭ ئاكا-ئىنىلىرىنىڭ ئايالىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە؛ ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا يېقىنلىق قىلما؛ چۈنكى ئۇلار سېنىڭ هاماڭدۇر.
15 سەن كېلىنىڭنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە؛ ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ ئايالى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە تەگسەڭ بولمايدۇ.
16 سەن ئاكا-ئىنىلىرىڭنىڭ ئايالىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە؛ چۈنكى بۇ ئۆز ئاكا-ئىنىلىرىڭنىڭ ئەۋرىتىگە تەگكەندەك بولىدۇ.
17 سەن بىر ئايالغا ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى ۋە قىزىنىڭ قىزىنىمۇ خوتۇنلۇققا ئېلىپ ئەۋرىتىگە تەگمە. ئۇلار بىر-بىرىگە يېقىن تۇغقان بولغاچقا، مۇنداق ئىش پەسەندىلىكتۇر.
18 سەن ئايالىڭ هايات ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئاچا-سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ ئەۋرىتىگە تەگمە. ئۇنداق قىلساڭ خوتۇنۇڭغا كۈندەشلىك ئازابىنى كەلتۈرىسەن.

---

**11:18 «ئاتاڭنىڭ ئايالى»** ــ مۇشۇ يەردە ئۆگەي ئانىسى ياكى ئاتىسىنىڭ توقلىنى كۆرستىدۇ.

**11:18** لاۋ. 17:20

**12:18** لاۋ. 19:20

**14:18** لاۋ. 20:20؛ ئەز. 11:22

**15:18** لاۋ. 12:20

**16:18** لاۋ. 21:20

**17:18** لاۋ. 14:20

**19 سەن بىر ئايالنىڭ ئادەت كۆرۈپ ناپاك تۇرغان ۋاقتىدا يېقىنلىق
قىلىپ ئەۋرىتىگە تەگمە.
20 سەن ئۆز قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپ ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ بىلەن
ناپاك قىلما.
21 سەن ئۆز نەسلىڭدىن ھېچبىرىنى مولەك مەبۇدىغا ئاتاپ ئوتتىن
ئۆتكۈزسەڭ قەتئىي بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ خۇدايىڭنىڭ
نامىنى ناپاك قىلغان بولىسەن. مەن ئۆزۈم پەرۋەردىگاردۇرمەن.
22 سەن ئاياللار بىلەن بىرگە بولغاندەك ئەر كىشى بىلەن بىرگە بولما. بۇ
ئىش يىرگىنچلىكتۇر.
23 سەن ھېچ ھايۋان بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ ئۆزۈڭنى ناپاك قىلما؛
شۇنىڭدەك ئايال كىشىمۇ مۇناسىۋەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر
ھايۋاننىڭ ئالدىغا بارمىسۇن. بۇ ئىش نىجىسلىقتۇر.
24 سىلەر بۇ ئىشلارنى قىلىپ ئۆزۈڭلارنى ناپاك قىلماڭلار، چۈنكى
مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىن چىقىرىۋاتقان تائىپىلەر بولسا شۇنداق
ئىشلارنى قىلىپ ئۆزلىرىنى ناپاك قىلغان 25 ۋە زېمىنمۇ ناپاك
بولغاندۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇ زېمىننىڭ قەبىھلىكىنى ئۆز بېشىغا
چۈشۈرىمەن، شۇنىڭدەك ئۇ زېمىنمۇ ئۆزىدە تۇرۇۋاتقانلارنى قۇسۇپ
چىقىرىۋېتىدۇ.
26 لېكىن سىلەر بولساڭلار مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىم بىلەن
ھۆكۈملىرىمنى تۇتۇڭلار؛ سىلەردىن ھېچكىم، مەيلى يەرلىك ياكى**

---

**19:18 «ئادەت كۆرۈپ»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئايرىم ھالەتتە بولۇپ» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**19:18** لاۋ. 18:20

**20:18** لاۋ. 10:20؛ قان. 22:22؛ يۇھ. 5:9

**21:18 «سەن ئۆز نەسلىڭدىن ھېچبىرىنى ... ئوتتىن ئۆتكۈزسەڭ قەتئىي بولمايدۇ»** — «ئوتتىن ئۆتكۈزۈش» ئىنسانىي قۇربانلىقلارنى كۆرسەتسە كېرەك.

**21:18** لاۋ. 2:20؛ قان. 10:18؛ 2پاد. 17:17؛ 10:23

**22:18** لاۋ. 13:20

**23:18** لاۋ. 15:20،16

ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان ياقا يۇرتلۇق بولسۇن بۇ يىرگىنچلىك ئىشلاردىن
ھېچبىرىنى قىلمىسۇن [27](چۈنكى بۇ بارلىق يىرگىنچلىك ئىشلارنى
سىلەردىن ئىلگىرى شۇ زېمىندا تۇرغان خەلق قىلىپ كەلگەچكە،
زېمىننىڭ ئۆزى ناپاك بولۇپ قالدى). [28]شۇنداق قىلىپ زېمىننى ناپاك
قىلساڭلار، زېمىن ئۆزى سىلەردىن ئىلگىرى ئۆزىدە تۇرغان ئەللەرنى
قۇسۇپ چىقارغاندەك، سىلەرنىمۇ قۇسۇپ چىقىرىۋېتىدۇ. [29]چۈنكى
بۇ يىرگىنچلىك ئىشلارنىڭ ھەرقاندىقىنى قىلغۇچى، ــ مۇنداق
قىلمىشلارنى قىلغان ھەرقانداق كىشى ئۆز خەلقى ئارىسىدىن ئۈزۈپ
تاشلىنىدۇ.
[30]سىلەر مەن سىلەرگە تاپىلىغىنىمغا ئەمەل قىلىشىڭلار زۆرۈردۇر؛ ــ
دېمەك، سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر تۇتقان شۇ يىرگىنچلىك
رەسىم-قائىدىلەرنى تۇتۇپ، ئۆزۈڭلارنى ناپاك قىلماسلىقىڭلار كېرەك.
مەن خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.

## ھەرخىل بەلگىلىمىلەر ۋە ھۆكۈملەر

19 [1]پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2]سەن ئىسرائىللارنىڭ پۈتكۈل جامائىتىگە سۆز قىلىپ
ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: ــ «مەن خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار مۇقەددەس
بولغاچقا، سىلەرمۇ مۇقەددەس بولۇشۇڭلار كېرەك.
[3]سىلەر ھەربىرىڭلار ئاناڭلار بىلەن ئاتاڭلارنى ئىززەتلەڭلار؛
مېنىڭ شابات كۈنلىرىمنى بولسا، ئۇلارنى تۇتۇشۇڭلار كېرەك.
مەن ئۆزۈم خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[4]سىلەر ئەرزىمەس بۇتلارغا تايانماڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قۇيما بۇتلارنى

---

**26:18** لاۋ. 22:20

**29:18** **«ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** ــ 17-باب، 5-ئايەت ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**2:19** لاۋ. 44:11؛ 26،7:20؛ 1پېت. 16:1

**3:19** مىس. 12:20؛ 13:31؛ لاۋ. 2:26

ياسىماڭلار. مەن ئۆزۈم خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.
5 سىلەر پەرۋەردىگارغا ئىناقلىق قۇربانلىقىنى كەلتۈرۈشنى
خالىساڭلار، قوبۇل قىلىنغۇدەك يول بىلەن ئۇنى سۇنۇڭلار. 6 سىلەر
ئۇنى سۇنغان كۈنى ۋە ئەتىسى ئۇ يېيىلسۇن؛ ئۈچىنچى كۈنىگە
قالغىنى بولسا ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن. 7 ئەگەر ئۇنىڭدىن بىر قىسمى
ئۈچىنچى كۈنى يېيىلسە قۇربانلىق ھارام ھېسابلىنىپ قوبۇل
قىلىنمايدۇ. 8 كىمكى ئۇنىڭدىن يېسە ئۆز گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە
ئالىدۇ، چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلىنغان نەرسىنى
ناپاك قىلدى؛ ئۇنداق كىشى ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.

9 سىلەر زېمىنىڭلاردىكى ھوسۇلنى يىغساڭلار، سەن ئېتىزىڭنىڭ
بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە تامام يىغىۋالما ۋە ھوسۇلۇڭدىن قالغان
ۋاساڭنى تېرىۋالمىغىن. 10 ئۈزۈم تاللىرىڭنى پاساڭدىۋاتما ۋە ئۈزۈم
تاللىرىدىن چۈشكەن ئۈزۈملەرنىمۇ تېرىۋالما، بەلكى بۇلارنى
كەمبەغەللەر بىلەن مۇساپىرلارغا قويغىن. مەن ئۆزۈم خۇدايىڭلار
پەرۋەردىگاردۇرمەن.

11 سىلەر ئوغرىلىق قىلماڭلار، ئالدامچىلىق قىلماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا
يالغان سۆزلىمەڭلار.
12 مېنىڭ نامىم بىلەن يالغان قەسەم ئىچمەڭلار، ئۇنداق قىلساڭ
خۇدايىڭنىڭ نامىنى بۇلغايسەن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
13 ئۆز قوشناڭغا زۇلۇم قىلما، ئۇنىڭكىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالما.

---

4:19 **«ئەرزىمەس بۇتلار»** — ئىبرانىي تىلدا «ئەرزىمەس ئىلاھلار» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**4:19** مس. 17:34

**6:19** لاۋ. 16:7

**9:19** لاۋ. 22:23؛ قان. 19:24

**11:19** مس. 15:20

**12:19** مس. 7:20؛ قان. 11:5

مەدىكارنىڭ ھەققىنى كېچىچە يېنىڭدا قوندۇرۇپ قالما.
14 گاس كىشىنى تىللىما، كور كىشىنىڭ ئالدىدا پۇتلىشاڭغۇ نەرسىنى
قويما؛ بەلكى ئۆز خۇدايىڭدىن قورققىن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
15 ھۆكۈم قىلغىنىڭلاردا ھېچ ناھەقلىق قىلماڭلار؛ نامراتقىمۇ يان
باسماي، بايغىمۇ يۈز-خاتىرە قىلماي، بەلكى ئادىللىق بىلەن ئۆز
قوشناڭ ئۈستىدىن توغرا ھۆكۈم قىلغىن.
16 ئۆز خەلقىڭنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇغۇچى بولۇپ يۈرمە؛ قوشناڭنىڭ
جېنىغا ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتكۈزمە. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
17 سەن كۆڭلۈڭدە ئۆز قېرىندىشىڭدىن نەپرەتلەنمىگىن؛ قوشناڭدا
گۇناھ بولسا سەن ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بېشىڭغا گۇناھ كېلىپ
قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەنبىھ-نەسىھەت بەرگىن.
18 سەن ئىنتىقام ئالمىغىن ۋە ئۆز خەلقىڭنىڭ نەسلىگە ھېچ ئاداۋەتمۇ
ساقلىمىغىن، بەلكى قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن. مەن
پەرۋەردىگاردۇرمەن.
19 سىلەر مېنىڭ قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇڭلار. سەن ئۆز
چارپايلىرىڭنى باشقا نەسىللەر بىلەن چېپىشتۇرما، ئېتىزىڭغا
ئىككى خىل ئۇرۇق سالمىغىن، ئىككى خىل يىپتىن توقۇلغان
كىيىمنى كىيمە.
20 ئەگەر بىر ئەر كىشى قىز-چوكان بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت
ئۆتكۈزسە، ۋە ئۇ باشقا بىرى بىلەن ۋەدىلەشكەن دېدەك بولسا،
بۇ دېدەكنىڭ ھۆرلۈك پۇلى تاپشۇرۇلمىغان بولسا، ياكى ئۇنىڭغا
ھۆرلۈك بېرىلمىگەن بولسا، مۇۋاپىق جازا بېرىلسۇن. لېكىن قىز-

**13:19** قان. 14:24؛ ياق. 4:5

**15:19** قان. 17:1؛ 19:16؛ پەند. 23:24

**16:19** مىس. 1:23

**17:19** مات. 15:18؛ لۇقا 3:17؛ 1يۇھ. 11،9:2؛ 15:3

**18:19** مات. 44،43،39:5؛ 39:22؛ لۇقا 27:6؛ رىم. 19:12؛ 9:13؛ 1كور. 7:6؛ گال. 14:5؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 9:3؛ ياق. 8:2

**19:19** قان. 11،9:22

**چوكان ھۆر قىلىنمىغاچقا، ھەر ئىككىسى ئۆلتۈرۈلمىسۇن. [21] ئەر**
**كىشى بولسا ئۆزىنىڭ ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقىنى جامائەت**
**چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىنىڭ ئالدىغا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا**
**كەلتۈرسۇن؛ ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى بىر قوچقار بولسۇن. [22] كاھىن**
**ئۇ ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى ئۈچۈن كەلتۈرگەن قوچقارنى ئېلىپ**
**ئۇنىڭ سادىر قىلغان گۇناھى ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كەفارەت**
**كەلتۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ قىلغان گۇناھى ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.**
**[23] سىلەر زېمىنغا كىرىپ ھەرخىل يەيدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى**
**تىككەن بولساڭلار، مېۋىلىرىنى «خەتنىسىز» دەپ قاراڭلار؛ ئۈچ**
**يىلغىچە بۇنى «خەتنىسىز» دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن يېمەڭلار. [24] تۆتىنچى**
**يىلى ئۇلارنىڭ ھەممە مېۋىلىرى پەرۋەردىگارغا مەدھىيە سۈپىتىدە**
**مۇقەددەس قىلىپ بېغىشلانسۇن. [25] ئاندىن بەشىنچى يىلدىن تارتىپ**
**سىلەر ئۇلارنىڭ مېۋىلىرىدىن يېيىشكە باشلاڭلار. شۇنداق قىلساڭلار**
**زېمىن مەھسۇلاتلىرىنى سىلەرگە زىيادە قىلىدۇ. مەن خۇدايىڭلار**
**پەرۋەردىگاردۇرمەن.**
**[26] سىلەر قان چىقمىغان نەرسىنى يېمەڭلار. نە پالچىلىق نە جادۇگەرلىك**
**قىلماڭلار.**
**[27] سىلەر بېشىڭلارنىڭ چېكە-چۆرىسىدىكى چاچنى چۈشۈرۈپ**
**دۈگىلەك قىلىۋالماڭلار، ساقالىنىڭ ئۇچ-يانلىرىنى بۇزماڭلار.**

**[28] سىلەر ئۆلگەنلەر ئۈچۈن بەدىنىڭلارنى زەخىم يەتكۈزۈپ تىلماڭلار،**
**ئۆزۈڭلارغا ھېچقانداق گۈل-سۈرەت چەكمەڭلار. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.**
**[29] سەن قىزىڭنى بۇزۇقلۇق-پاھىشىلىككە سېلىپ ناپاك قىلمىغىن.**

**20:19 «مۇۋاپىق جازا بېرىلسۇن»** — بەلكىم ئەر كىشى دېدەكنىڭ ئىگىسىگە ياكى ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلەشكەن كىشىگە جەرىمانە تۆلىشى كېرەك.

**26:19 «سىلەر قان چىقمىغان نەرسىنى يېمەڭلار»** — قان يېيىش ئەپسۇنچىلىك-جادۇگەرلىكنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولاتتى.

**27:19** لاۋ. 5:21

**28:19** قان. 1:14

بولمىسا، زېمىنىدىكىلەر بۇزۇقلۇق-پاھىشىلىككە بېرىلىپ، پۈتكۈل
زېمىنىنى ئەيش-ئىشرەت قاپلاپ كېتىدۇ.
[30] سىلەر مېنىڭ شابات كۈنلىرىمنى تۇتۇڭلار، مېنىڭ مۇقەددەس
جايىمنى ھۆرمەتلەڭلار. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[31] جىنكەشلەر بىلەن سېھىرگەرلەرگە تايانماڭلار، ئۇلارنىڭ
كەينىدىن يۈرۈپ ئۆزۈڭلارنى ناپاك قىلماڭلار. مەن ئۆزۈم خۇدايىڭلار
پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[32] ئاق باش كىشىنىڭ ئالدىدا ئورنۇڭدىن تۇر، قېرىلارنى ھۆرمەت
قىلغىن؛ خۇدايىڭدىن قورققىن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[33] بىر مۇساپىر زېمىنىدا ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان بولسا سىلەر ئۇنىڭغا زۇلۇم
قىلماڭلار، [34] بەلكى ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان مۇساپىر سىلەرگە يەرلىك
كىشىدەك بولسۇن؛ ئۇنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن؛ چۈنكى
سىلەرمۇ مىسىر زېمىنىدا مۇساپىر بولغانسىلەر. مەن خۇدايىڭلار
پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[35] سىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىڭلاردا، ئۇزۇنلۇق، ئېغىرلىق ۋە ھەجىم
ئۆلچەشتە ھېچقانداق ناھەقلىك بولمىسۇن؛ [36] سىلەردە ئادىل تارازا،
ئادىل تارازا تاشلىرى، ئادىل ئەفاھ كەمچىنى بىلەن ئادىل ھىن
كەمچىنى بولسۇن. مەن سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن
خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[37] سىلەر مېنىڭ بارلىق قانۇن-بەلگىلىمىلىرىم ۋە بارلىق
ھۆكۈملىرىمنى تۇتۇپ، ئۇلارغا ئەمەل قىلىڭلار؛ مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.

---

**31:19** لاۋ. 6:20

**33:19** مىس. 21:22

**36:19** **«بىر ئەفاھ»** ــ تەخمىنەن 2 كۇرە ياكى 22 لىتر. **«بىر ھىن»** ــ تەخمىنەن 3.6 لىتر

**36:19** پەند. 1:11؛ 11:16؛ 10:20

## ئۆلۈمگە لايىق گۇناھلار

20 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2] سەن ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگىن: ــ ئەگەر
ئىسرائىللارنىڭ بىرى ۋە ياكى ئىسرائىل زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان
مۇساپىرلارنىڭ بىرى مولەك بۇتىغا نەسلىنىڭ بىرىنى بېغىشلىسا،
ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەك؛ زېمىندىكىلەر ئۇنى چالما-
كېسەك قىلسۇن. [3] ۋە مەن ئۆز يۈزۈمنى بۇ كىشىگە قارشى قىلىمەن،
چۈنكى ئۆزى ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ بىرىنى مولەك بۇتىغا بېغىشلاپ
مۇقەددەس جايىمنى پاسكىنا قىلىپ، مېنىڭ نامىمنى بۇلغىغىنى
ئۈچۈن ئۇنى ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن. [4] ئەگەر زېمىندا تۇرۇۋاتقانلار
ئۆز نەسلىدىن بىرىنى مولەككە بېغىشلىغاندا شۇ كىشىگە كۆزلىرىنى
يۇمۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسا، شۇنداقلا ئۇنى ئۆلتۈرمىسە، [5] مەن
ئۆزۈم يۈزۈمنى ئۇ كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قارشى قىلىمەن،
ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار، يەنى مولەكنىڭ
كەينىدىن يۈرۈپ بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز
خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن.
[6] جىنكەشلەر بىلەن سېھىرگەرلەرگە تايىنىپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە
كىرىپ بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈرگۈچىلەر بولسا، مەن يۈزۈمنى شۇ
كىشىلەرگە قارشى قىلىپ، ئۇنى ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن.
[7] شۇڭا ئۆزۈڭلارنى پاك قىلىپ مۇقەددەس بولۇڭلار، چۈنكى مەن
خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن. [8] قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇپ،
ئۇلارغا ئەمەل قىلىڭلار؛ مەن بولسام سىلەرنى مۇقەددەس قىلغۇچى
پەرۋەردىگاردۇرمەن.

---

**2:20** لاۋ. 21:18

5:20 **«ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن»** ــ بۇ ئىبارە ئادەتتە ئادەمنىڭ خۇدانىڭ بىۋاستە جازاسى بىلەن دۇنيادىن جۇدا قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**6:20** لاۋ. 31:19

**7:20** لاۋ. 44:11؛ 2:19؛ 1پېت. 16:1

[9] ئەگەر بىركىم ئۆز ئاتىسى ياكى ئانىسىنى قارغىسا، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىسە بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى قارغىغىنى ئۈچۈن ئۆز قېنى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بولىدۇ.
[10] ئەگەر بىركىم باشقىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلسا، يەنى ئۆز قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلسا، زىنا قىلغان ئەر بىلەن ئايال ئىككىسى ئۆلۈم جازاسىنى تارتمىسا بولمايدۇ.
[11] ئەگەر بىرسى ئاتىسىنىڭ ئايالى بىلەن ياتسا، ئۆز ئاتىسىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگكەن بولىدۇ؛ ئۇلار ئىككىسى ئۆلۈم جازاسىنى تارتمىسا بولمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ قېنى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بولىدۇ.
[12] بىرسى ئۆز كېلىنى بىلەن ياتسا، ئىككىسى نىجىسلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىنى تارتمىسا بولمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ قېنى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بولىدۇ.
[13] بىرسى ئايال كىشى بىلەن ياتقاندەك ئەر كىشى بىلەن ياتسا ئىككىسى يىرگىنچلىك ئىش قىلغان بولىدۇ؛ ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىسە بولمايدۇ. ئۆز قېنى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بولىدۇ.
[14] ئەگەر بىرسى قىزى بىلەن ئانىسىنى قوشۇپ خوتۇنلۇققا ئالسا پەسەندىلىك قىلغان بولىدۇ. ئەر بىلەن ئىككى ئايال ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئاراڭلاردا ھېچ پەسەندىلىك ئىش بولمايدۇ.

**9:20** مىس. 17:21؛ پەند. 20:20؛ مات. 4:15

**10:20** لاۋ. 20:18؛ قان. 22:22؛ يۇھ. 5:8

**11:20** **«ئاتىسىنىڭ ئايالى»** ــ مۇشۇ يەردە ئۆگەي ئانىسى ياكى ئاتىسىنىڭ توقلىنى كۆرستىدۇ

**11:20** لاۋ. 8:18

**12:20** لاۋ. 15:18

**13:20** لاۋ. 22:18

**14:20** **«قىزى بىلەن ئانىسىنى قوشۇپ خوتۇنلۇققا ئالسا»** ــ ياكى «... قوشۇپ ئۇلار بىلەن زىنا قىلىپ ياتسا...». **«ئوتتا كۆيدۈرۈلۈش»** ــ ئۇلار بوغۇزلانغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە. بۇ جازا بولسا ئۇلارنى دەپنە قىلىنىش ئىمتىيازىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

**14:20** لاۋ. 17:18

15 بىرسى بىر ھايۋان بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۇ ئۆلۈم جازاسىنى تارتسۇن، ھايۋاننىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار.

16 ئەگەر ئايال كىشى بىر ھايۋاننىڭ قېشىغا بېرىپ مۇناسىۋەت قىلدۇرسا، ئايال بىلەن ھايۋاننىڭ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار؛ ئۆز قېنى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بولىدۇ.

17 بىرسى ئاچا-سىڭلىسىنى، يەنى ئاتىسىدىن ياكى ئانىسىدىن بولغان قىزنى ئېلىپ، ئەۋرىتىگە تەگسە ۋە بۇ قىزمۇ ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە تەگسە ئۇياتلىق ئىش بولىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر-ئايال ئىككىسى ئۆز خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۈزۈپ تاشلانسۇن؛ ئۇ ئۆز ئاچا ياكى سىڭلىسىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگكەچكە، ئۆز قەبىھلىكى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بولىدۇ.

18 بىرسى ئادەت كۆرگەن ئاغرىق ۋاقتىدا بىر ئايال بىلەن بىرگە يېتىپ، ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە تەگسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۇنىڭ قان مەنبەسىگە تەگكەن، ئايالمۇ قان مەنبەسىنى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، ئىككىسى ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.

19 سەن ئۆز ئاناڭنىڭ ئاچا-سىڭلىسى ۋە ئاتاڭنىڭ ئاچا-سىڭلىسىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگمە؛ چۈنكى كىمكى شۇنداق قىلسا يېقىن تۇغقىنىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگكەن بولىدۇ؛ ئۇلار ئىككىلىسىنىڭ ئۆز قەبىھلىكى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بولىدۇ.

20 بىرسى تاغىسىنىڭ ئايالى بىلەن ياتسا تاغىسىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگكەن بولىدۇ؛ ئىككىلىسى ئۆز گۇناھىنى ئۆز بېشىغا ئالىدۇ؛ ئۇلار پەرزەنتسىز ئۆلىدۇ.

21 بىرسى ئاكا-ئىنىسىنىڭ ئايالىنى ئالسا پاسكىنا بىر ئىش بولىدۇ.

---

15:20 لاۋ. 23:18

17:20 لاۋ. 9:18

18:20 لاۋ. 19:18

19:20 لاۋ. 12:18،13

20:20 لاۋ. 14:18

ئۇ ئۆز بىرتۇغقان ئاكا-ئىنىسىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگكەن بولىدۇ؛ ئۇلار ئىككىلىسى پەرزەنتسىز قالىدۇ.

## پاكلىق، مۇقەددەسلىك، ئىتائەتمەنلىك

[22] سىلەر مېنىڭ بارلىق قانۇن بەلگىلىمىلىرىم بىلەن بارلىق
ھۆكۈملىرىمنى تۇتۇپ، بۇنىڭغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلىڭلار؛ بولمىسا،
مەن سىلەرنى ئېلىپ بېرىپ تۇرغۇزىدىغان زېمىن سىلەرنى قۇسۇپ چىقىرىۋېتىدۇ.
[23] سىلەر مەن ئالدىڭلاردىن ھەيدىۋېتىدىغان ئەللەرنىڭ
رەسىم-قائىدىلىرى بويىچە ماڭساڭلار بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلار بۇ
يىرگىنچلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كەلدى، ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلار ماڭا يىرگىنچلىك بولدى.
[24] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە: «سىلەر
ئۇلارنىڭ زېمىنىنى مىراس قىلىپ ئالىسىلەر؛ مەن شۇ سۈت بىلەن
ھەسەل ئاقىدىغان زېمىننى سىلەرگە بېرىمەن»، دەپ ئېيتقانىدىم؛
سىلەرنى باشقا خەلقلەردىن ئايرىم قىلغان خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[25] شۇڭا سىلەر پاك ۋە ناپاك چارپايلارنى پەرق ئېتىپ، پاك
ۋە ناپاك ئۇچار-قاناتلارنى تونۇپ، مەن سىلەر ئۈچۈن ئايرىپ، ناپاك

---

21:20 **«...ئۇ ئۆز بىرتۇغقان ئاكا-ئىنىسىنىڭ ئەۋرىتىگە تەگكەن بولىدۇ؛ ئۇلار ئىككىلىسى پەرزەنتسىز قالىدۇ»** ــ 18-19-بابلاردا ئاگاھ قىلغان گۇناھلارنىڭ جازالىرى 20-بابتا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ جازالارنىڭ تۈرلىرى سەككىز خىل: ــ (1) ئۆلۈم جازاسى (نامەلۇم يول بىلەن)؛ (2) چالما-كېسەك قىلىش (مەسىلەن، 1-ئايەت)؛ (3) «ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىش» ــ خۇدانىڭ بىر كىشىنى بىۋاستە جازالاپ ئۇنى بۇ دۇنيادىن جۇدا قىلىشى؛ (4) «ئۇنىڭ قېنى ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ» ــ نامەلۇم يول بىلەن خۇدا تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ؛ (5) دەپنە قىلىنماي ئوتتا كۆيدۈرۈلۈش (بوغۇزلانغاندىن كېيىن)؛ (6) «خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىش» ــ بۇ خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا خۇدا تەرىپىدىن نامەلۇم يول بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىش؛ (7) «ئۆز گۇناھى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بولىدۇ» ــ بۇنىڭدا، بەلكىم، خۇدانىڭ شۇ كىشىگە بىۋاستە مۇۋاپىق ئەمما نامەلۇم بىر جازانى چۈشۈرۈشى؛ (8) ئەۋلادسىز قالدۇرۇش.

**21:20** لاۋ. 16:18

**22:20** لاۋ. 26:18

**23:20** لاۋ. 3:18، 30

**24:20** مىس. 8:3

قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن جانىۋارلارنىڭ ئىچىدىن ھەرقاندىقى، چارپاي ياكى ئۇچار-قانات بولسۇن ياكى يەردە ئۆمىلىگۈچى جانىۋار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بىلەن ئۆزۈڭلارنى ناپاك قىلماڭلار. [26] سىلەر ماڭا خاس پاك-مۇقەددەس بولۇشۇڭلار كېرەك؛ چۈنكى مەن پەرۋەردىگار پاك-مۇقەددەستۇرمەن، سىلەرنى ماڭا خاس بولسۇن دەپ بارلىق ئەللەردىن ئايرىم قىلغانمەن.

## جىنكەش-جادۇگەرلەردىن ئاگاھ بولۇش توغرۇلۇق

[27] جىنكەش ياكى سېھىرگەر بولغان ھەرقانداق ئەر ياكى خوتۇن كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىسە بولمايدۇ؛ خەلق ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلسۇن؛ ئۇلارنىڭ قېنى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بولىدۇ.

## كاھىنلارنى باشقۇرىدىغان بەلگىلىمىلەر

21 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
سەن كاھىنلار بولغان ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېگىن:
— بىر كاھىن ئۆز خەلقىنىڭ ئارىسىدىكى ئۆلگەنلەر ۋەجىدىن
ئۆزىنى ناپاك قىلمىسۇن. [2] پەقەت ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئۈچۈن
— ئانىسى بىلەن ئاتىسى، ئوغلى بىلەن قىزى ۋە ئاكا-ئىنىسىنىڭ
ئۆلۈكى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلسا بولىدۇ؛ [3] شۇنىڭدەك ئەگەر
ئاچا-سىڭلىسى ئەرگە تەگمەي پاك قىز ھالەتتە ئۆزى بىلەن بىللە
تۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ ئۆلۈكى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلسا
بولىدۇ؛ [4] چۈنكى كاھىن ئۆز خەلقىنىڭ ئارىسىدا مۆتىۋەر بولغاچقا،
ئۆزىنى ناپاك قىلىپ بۇلغىماسلىقى كېرەك.

---

**25:20** لاۋ. 2:11؛ قان. 4:14

**27:20** قان. 10:18؛ 1سام. 7:28

4:21 **«چۈنكى كاھىن ئۆز خەلقىنىڭ ئارىسىدا مۆتىۋەر بولغاچقا، ئۆزىنى ناپاك قىلىپ بۇلغىماسلىقى كېرەك»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى ئۇ (كاھىن) ئۆز خەلقى ئىچىدە ئايالىنىڭ ئېرى سۈپىتىدە ئۆزىنى ناپاك قىلىپ بۇلغىماسلىقى كېرەك». بۇ تەرجىمىنىڭ مەنىسى: «ئۇ ئايال تەرەپىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىگە يېقىن كەلمەسلىكى، ئۇنىڭغا تەگمەسلىكى كېرەك»

[5] كاھىنلار بېشىنى يېرىم-ياتا قىلىپ چۈشۈرمەسلىكى، ساقىلىنىڭ
ئۇچ-يانلىرىنى ھەم چۈشۈرمەسلىكى، بەدىنىگىمۇ زەخىم يەتكۈزۈپ
تىلماسلىقى كېرەك، [6] بەلكى ئۇلار ئۆز خۇداسىغا مۇقەددەس تۇرۇپ،
خۇداسىنىڭ نامىنى بۇلغىماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىقلارنى، ئۆز خۇداسىنىڭ نېنىنى
سۇنىدۇ؛ شۇڭا ئۇلار مۇقەددەس بولۇشى كېرەك.
[7] ئۇلار بىر ئايالنى ئۆز ئەمرىگە ئالغاندا پاھىشە ئايالنىمۇ، بۇزۇق ئايالنىمۇ
ئالماسلىقى كېرەك ۋە ئېرى قويۇۋەتكەن ئايالنىمۇ ئالمىسۇن. چۈنكى كاھىن
بولسا ئۆز خۇداسىغا خاس مۇقەددەس قىلىنغان. [8] ئۇ خۇدايىڭنىڭ نېنىنى
سۇنغىنى ئۈچۈن ئۇ ساڭا نىسبەتەن مۇقەددەس دەپ سانىلىشى كېرەك؛
چۈنكى سىلەرنى مۇقەددەس قىلغۇچى پەرۋەردىگار ئۆزۈم مۇقەددەستۇرمەن.
[9] ئەگەر بىر كاھىننىڭ قىزى پاھىشىلىك قىلىپ ئۆزىنى بۇلغىغان
قىلسا، ئۆز ئاتىسىنى بۇلغىغان بولىدۇ؛ ئۇ ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن.

## باش كاھىن توغرۇلۇق بەلگىلىمىلەر

[10] بېشىغا مەسھەلەش زەيتۇن مېيى تۆكۈلگەن، كاھىنلىق كىيىملەرنى
كىيىشكە تىكلەنگەن، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىدا باش كاھىن
قىلىنغان كىشى يالاڭباش بولمىسۇن، كىيىملىرىنىمۇ يىرتمىسۇن؛
[11] ئۇ يەنە ھېچ ئۆلۈككە يېقىنلاشماسلىقى كېرەك، ھەتتا ئاتىسى ۋە ياكى
ئانىسىنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ ۋەجىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلماسلىقى كېرەك
.[12] ئۇ ۋەزىپىسىدە تۇرۇۋاتقاندا مۇقەددەس جايدىن ھەرگىز ئايرىلمىسۇن
ۋە شۇنىڭدەك خۇداسىنىڭ مۇقەددەس جايىنى بۇلغىماسلىقى كېرەك؛
چۈنكى ئۇنىڭ خۇداسىنىڭ ئۇنى ئۆزىگە خاس قىلغان «مەسھەلەش

10:21 ««**يالاڭباش بولۇش» ۋە «كىيىملەرنى يىرتىش**»» — ھەر ئىككى ھەرىكەت ماتەم تۇتۇشنىڭ بىرخىل ئىپادىسى ئىدى. باش كاھىننىڭ ئالاھىدە ھەم مۇقەددەس ۋەزىپىسى بولغاچقا، ھەتتا ماتەم ئىشلىرىدىمۇ خىزمەت ئورنى ۋە بۇرچىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك ئىدى (11-12-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

11:21 «**ئۇ يەنە ھېچ ئۆلۈككە يېقىنلاشماسلىقى كېرەك،... ئۆلۈكلىرىنىڭ ۋەجىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلماسلىقى كېرەك**» — بىرسى ئۆلۈككە تەگسە «ناپاك» دەپ ھېسابلانغاچقا، كاھىن بىر ئۆلۈككە تەگكەن بولسا ئۆز ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مىيى» ئۇنىڭ بېشىدا تۇرىدۇ. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[13] ئۇ خوتۇن ئالسا پاك قىزنى ئېلىشى كېرەك؛ [14] تۇل ۋە ياكى ئەردىن قويۇۋېتىلگەن ئايال ۋە ياكى بۇزۇق ۋە ياكى پاھىشە ئايال بولسا بۇلارنى ئالماسلىقى، بەلكى ئۆز خەلقىدىن بولغان پاك قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىشى كېرەك. [15] بولمىسا ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئۇرۇقىنى ناپاك قىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇنى مۇقەددەس قىلغۇچى پەرۋەردىگار مەندۇرمەن.

## كاھىنلار تۇغرىسىدىكى يەنە بىرنەچچە بەلگىلىمە

[16] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: — [17] سەن ھارۇنغا مۇنداق دېگىن: — «ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە سېنىڭ نەسلىڭدىن بولغان بىرسى مېيىپ بولسا، خۇدانىڭ نېنىنى سۇنۇش ئۈچۈن يېقىن كەلمىسۇن؛ [18] مېيىپ بولغان ھەرقانداق كىشى ھەرگىز يېقىن كەلمىسۇن — ياكى كور بولسۇن، توكۇر بولسۇن، پاناق بولسۇن ياكى بىر ئەزاسى يەنە بىر جۈپىدىن ئۇزۇن بولغان ئادەم بولسۇن، [19] پۇتى ياكى قولى سۇنۇق بولسۇن، [20] دوك بولسۇن، پاكار بولسۇن، كۆزىدە ئاق بولسۇن، قىچىشقاق بولغان بولسۇن، تەمرەتكە باسقان بولسۇن ياكى ئۇرۇقدېنى ئېزىلگەن ھەركىم بولسۇن،
[21] ھارۇن كاھىننىڭ نەسلىدىن بولغان ئۇنداق مېيىپ كىشىلەرنىڭ ھېچبىرى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان نەرسىلەرنى كەلتۈرۈشكە يېقىن بارمىسۇن؛ ئۇنداق كىشى مېيىپتۇر؛ ئۇ ئۆز خۇداسىنىڭ نېنىنى سۇنۇشقا يېقىن كەلمىسۇن. [22] ھالبۇكى، ئۇ ئۆز خۇداسىنىڭ نېنىنى، يەنى «ئەڭ مۇقەددەس» ۋە «مۇقەددەس» ھېسابلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدىن يېسۇن. [23] پەقەت ئۇ پەردىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىسىگە كىرمەسلىكى ياكى قۇربانگاھقىمۇ يېقىن بارماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى ئۇ مېيىپتۇر؛ بولمىسا، ئۇ مېنىڭ مۇقەددەس جايلىرىمنى بۇلغىغان بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنى مۇقەددەس قىلغۇچى پەرۋەردىگار ئۆزۈمدۇرمەن».
[24] بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسىگە ئېيتىپ بەردى.

20:21 «**پاكار بولسۇن**» — ياكى «بىگىلەپ قالغان بولسۇن».

## مۇقەددەس نەرسىلەردىن كىم بەھرىمەن بولىدۇ؟

22
[1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2] سەن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېگىن: ــ
«سىلەر ئىسرائىللارنىڭ ماڭا ئاتىغان مۇقەددەس ھەدىيەلەرنى
ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭلار، بولمىسا ئۇلار نامىمنى
بۇلغىشى مۇمكىن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن». [3] ئۇلارغا مۇنداق
دېگىن: ــ «سىلەر ھەربىر دەۋرلەردە، بارلىق نەسلىڭلاردىن
ھەرقايسىسى ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا ئاتىغان پاك نەرسىلەرگە
ناپاك ھالەتتە يېقىنلاشسا، ئۇنداق كىشى مېنىڭ ئالدىمدىن ئۈزۈپ
تاشلىنىدۇ. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[4] ھارۇننىڭ نەسلىدىن بىرى پېسە-ماخاۋ ياكى ئاقما كېسىلى بولغان
بولسا، پاك بولمىغۇچە مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمىسۇن. بىركىم
ئۆلۈكنىڭ سەۋەبىدىن ناپاك بولغان بىركىمگە ۋە ياكى مەنىيسى ئېقىپ
كەتكەن كىشىگە تېگىپ كەتسە، [5] ياكى ئادەمنى ناپاك قىلىدىغان
ئۆمىلىگۈچى جانىۋارغا تەگسە ياكى ھەرقانداق يۇقۇپ قالىدىغان
ناپاكلىقى بار بىر ئادەمگە تېگىپ كەتسە، (ناپاكلىقى نېمىدىن
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) [6] مۇنداق نەرسىلەرگە تەگكەن كىشى كەچ
كىرگۈچە ناپاك بولۇپ، مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمىسۇن. ئۇ بەدىنىنى
سۇدا يۇسۇن [7] ئاندىن كۈن ئولتۇرغاندا پاك سانىلىپ، مۇقەددەس
نەرسىلەردىن يېيىشكە بولىدۇ؛ چۈنكى بۇلار ئۇنىڭ ئوزۇقىدۇر.
[8] ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆلگەن ۋە ياكى يىرتقۇچلار بوغۇپ قويغان ھايۋاننى
يېيىش بىلەن ئۆزىنى ناپاك قىلمىسۇن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[9] ئۇلار مېنىڭ بۇ تاپىلىغانلىرىمنى تۇتۇشى كېرەك؛ بولمىسا، بۇنىڭغا
ئىخلاسسىزلىق قىلسا، شۇ ئۆلۈك تۈپەيلىدىن گۇناھكار بولۇپ ئۆلىدۇ؛
ئۇلارنى مۇقەددەس قىلغۇچى پەرۋەردىگار ئۆزۈمدۇرمەن.
[10] كاھىنلارغا يات بولغان ھېچقانداق كىشى مۇقەددەس نەرسىلەردىن

**4:22** لاۋ. 2:15
**8:22** مىس. 31:22؛ لاۋ. 15:17؛ ئەز. 31:44

يېمىسۇن. كاھىنىنىڭ يېنىدىكى مۇساپىر-مېھمان ۋە ياكى مەدىكارى بولسۇن ئۇلارمۇ مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمىسۇن. [11] ھالبۇكى، كاھىن ئۆزى پۇل چىقىرىپ سېتىۋالغان قۇل ئۇنىڭدىن يېيىشكە بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان كىشىمۇ ئۇنىڭدىن يېسە بولىدۇ.
[12] كاھىنىنىڭ قىزى يات كىشىگە تەگكەن بولسا ئۇمۇ «كۆتۈرمە ھەدىيە» سۈپىتىدە ئاتالغان مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمىسۇن. [13] لېكىن ئەگەر كاھىنىنىڭ قىزى تۇل بولۇپ قېلىپ، ياكى قويۇپ بېرىلىپ پەرزەنتسىز ھالەتتە ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ، ياش ۋاقتىدىكىدەك ئولتۇرغان بولسا، ئۇنداقتا ئاتىسىنىڭ تائامىدىن يېيەلەيدۇ؛ لېكىن ھېچبىر يات كىشى ئۇنىڭدىن يېمەسلىكى كېرەك.
[14] ئەگەر بىركىم بىلمەي، مۇقەددەس نەرسىلەردىن يەپ سالسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۇنىڭغا شۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ، مۇقەددەس نەرسىنىڭ ئۆزى بىلەن كاھىنغا قايتۇرۇپ بەرسۇن.
[15] كاھىنلار ئىسرائىللارنىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتىغان نەرسىلىرىنى بۇلغىماسلىقى كېرەك؛ [16] بولمىسا، خەلق مۇقەددەس ھەدىيىلەردىن يېيىشى بىلەن، كاھىنلار خەلقنىڭ گەدىنىگە ئىتائەتسىزلىك گۇناھىنى يۈكلەپ قويغان بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنى مۇقەددەس قىلغۇچى پەرۋەردىگار ئۆزۈمدۇرمەن».

## قەسەمگە باغلىق قۇربانلىق ۋە ئىختىيارىي قۇربانلىقلار

[17] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ـ [18] سەن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسىگە مۇنداق دېگىن: ـ ئەگەر ئىسرائىل جەمەتىدىن بىرى ۋە ياكى ئىسرائىل

---

12:22 **«يات كىشى»** ـــ مۇشۇ يەردە كاھىن بولمىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

13:22 لاۋ. 14:10

15:22 **«كاھىنلار»** ـــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇلار». كاھىنلار خەلقنىڭ مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمەسلىكىگە مەسئۇل ئىدى (16-ئايەتنى كۆرۈڭ). بەزى ئالىملار «ئۇلار»نى «خەلق» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

16:22 **«چۈنكى ئۇلارنى مۇقەددەس قىلغۇچى پەرۋەردىگار ئۆزۈمدۇرمەن»** ـــ مۇشۇ يەردە «ئۇلارنى» بەلكىم كاھىنلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ بىرى ئۆز قەسەملىرىگە باغلىق قۇربانلىق ياكى ئىختىيارىي قۇربانلىقنى سۇنۇپ، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، [19] ئۇنداقتا ئۇ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن بېجىرىم ئەركەك كالا، قوي ياكى ئۆچكىلەردىن كەلتۈرۈشى لازىم. [20] ئەيىبى بولمىغان بىر جانىۋارنى سۇنۇشۇڭلار كېرەك؛ چۈنكى شۇنداق بولغىنى سىلەر ئۈچۈن قوبۇل قىلىنماس.

[21] بىرسى كالىلاردىن ياكى ئۇششاق ماللىرىدىن ئۆز قەسەملىرىگە باغلىق قۇربانلىق ياكى ئىختىيارىي قۇربانلىقنى سۇنۇپ، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئىناقلىق قۇربانلىقى قىلماقچى بولسا، سۇنۇلغان ھايۋان قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن بېجىرىم بولۇشى كېرەك؛ ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەيىبى بولمىسۇن. [22] كور ياكى ئاقساق-چولاق، چوناق ياكى يارىسى يىرىڭداپ كەتكەن، تەمرەتكە باسقان ياكى قوتۇر-چاقا بېسىپ قالغان ھايۋانلار بولسا ــ بۇلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنساڭلار ياكى بۇلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق سۈپىتىدە قۇربانگاھتا ئوتتا كۆيدۈرسەڭلار بولمايدۇ.

[23] تورپاق ياكى قوينىڭ مەلۇم جۈپ ئەزاسىدىن بىرى ئۇزۇنراق يا قىسقا بولسا، مۇنداقلارنى ئىختىيارىي قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۆتكۈزسەڭ بولىدۇ، لېكىن قەسەمگە باغلىق بولسا قۇربانلىق ئۈچۈن قوبۇل قىلىنماس.

[24] ئۇرۇقدىنى زەخىملەنگەن، ئېزىلىپ كەتكەن، يېرىلغان ياكى پىچىلغان ھايۋاننى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلماڭلار. مۇنداق ئىشنى ئۆز زېمىنىڭلاردىمۇ ھەرگىز قىلماڭلار.

[25] خۇدايىڭلارنىڭ نېنى سۈپىتىدە ياقا يۇرتلۇق كىشىنىڭ قولىدىن شۇنداق ھايۋانلاردىن ھېچقايسىسىنى ئېلىپ سۇنماڭلار؛ چۈنكى ئۇلار مېيىپ بولغاچقا، سىلەر ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

---

**21:22** قان. 21:15؛ 1:17

**25:22 «خۇدايىڭلارنىڭ نېنى»** ــ ئۇنىڭغا ئاتالغان تۈرلۈك ھەدىيە-قۇربانلىقلار. مۇشۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ھايۋانلاردۇر.

## باشقا بىرنەچچە بەلگىلىمە

[26] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ [27] بىر موزاي،
قوزا ياكى ئوغلاق تۇغۇلسا يەتتە كۈنگىچە ئانىسىنى ئەمسۇن؛
سەككىزىنچى كۈندىن باشلاپ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا
سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق سۈپىتىدە قوبۇل بولۇشقا يارايدۇ.
[28] مەيلى كالا بولسۇن، قوي بولسۇن، سىلەر ئانىسى بىلەن
بالىسىنى بىر كۈندە بوغۇزلىماڭلار.
[29] سىلەر پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر تەشەككۈر قۇربانلىقى
سۇنماقچى بولساڭلار، قوبۇل قىلىنىشقا لايىق بولغان يول بىلەن
سۇنۇڭلار. [30] ئۇ سۇنۇلغان كۈندە يېيىلىشى كېرەك؛ ئۇنىڭدىن
ھېچنېمىنى ئەتىسىگە قالدۇرماسلىقىڭلار كېرەك. مەن
پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[31] سىلەر مېنىڭ ئەمرلىرىمنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارغا ئەمەل
قىلىڭلار. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن. [32] مېنىڭ مۇقەددەس نامىمنى
بۇلغىماڭلار، مەن ئەمدى ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدا مۇقەددەس
دەپ بىلىنىمەن. مەن سىلەرنى مۇقەددەس قىلغۇچى پەرۋەردىگار
بولۇپ، [33] خۇدايىڭلار بولۇشقا سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن
چىقىرىپ كەلدىم. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.

---

—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خۇدايىڭلارنىڭ نېنى سۈپىتىدە سىلەر ياقا يۇرتلۇق كىشىنىڭ قولىدىن ھېچ قۇربانلىقنى ئېلىپ سۇنماڭلار ۋە سىلەر شۇنداق ھايۋانلار (مېيىپ ھايۋانلار)دىن ھېچقايسىسىنى سۇنماڭلار؛ چۈنكى ئۇلار مېيىپ بولغاچقا، سىلەر ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ». لېكىن بىزنىڭچە بۇ تەرجىمە توغرا ئەمەس؛ چۈنكى مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ياقا يۇرتلۇقلار خەتنە قوبۇل قىلسا، قۇربانلىقلارنى سۇنۇشقا بولاتتى. **«سىلەر ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە «سىلەر» قۇربانلىق سۇنغان ياقا يۇرتلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

27:22 **«ئانىسىنى ئەمسۇن»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئانا ئاستىدا تۇرسۇن».

**30:22** لاۋ. 15:7

## خۇدا ئىسرائىلغا بېكىتكەن ھېيت-بايراملار

23 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ـ [2] سەن
ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ـ پەرۋەردىگار بېكىتكەن
ھېيتلار، سىلەر مۇقەددەس سورۇنلار بولسۇن دەپ چاقىرىپ
جاكارلايدىغان ھېيتلىرىم مانا مۇنۇلاردۇر: ـ
[3] (ئالتە كۈن ئىش-ئەمگەك قىلىنسۇن؛ لېكىن يەتتىنچى كۈنى
«خاس شابات كۈنى»، مۇقەددەس سورۇنلار كۈنى بولىدۇ؛ ئۇ كۈنى
ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماڭلار. قەيەردىلا تۇرساڭلار بۇ كۈن
پەرۋەردىگارغا ئاتالغان شابات كۈنى بولىدۇ).

## «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» ۋە «پېتىر نان ھېيتى»

[4] سىلەر بېكىتىلگەن كۈنلىرى مۇقەددەس سورۇنلار بولسۇن
دەپ چاقىرىپ جاكارلايدىغان، پەرۋەردىگارنىڭ ھېيتلىرى مانا

2:23 **«پەرۋەردىگار بېكىتكەن ھېيتلار»** ــ مۇشۇ ئىبارىنى توغرىراق بايان قىلساق «پەرۋەردىگار بېكىتكەن ۋاقىت-پەسىللەر» دېگەن بولىدۇ. بۇ «پەسىل-ۋاقىتلار»نىڭ كۆپىنچىسى شادلىنىدىغان، خۇشال پەيتلەر بولسىمۇ، لېكىن «كەفارەت كۈنى» ئۇنداق كۈن ئەمەس. **«سورۇنلار»** ــ مۇشۇ يەردە «سورۇن» (ياكى «يىغىلىش») دېگەن سۆز «سورۇنغا چاقىرىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. نەگە چاقىرىلىدۇ؟ تەكىتلىنىدىغان ئىش خەلقنىڭ جەم بولۇشى ئەمەس، بەلكى «**خۇدانىڭ** يېنىغا يىغىلىشقا چاقىرىلىش»تىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتە، بەزى ھېيتلار ۋە شابات كۈنلىرىدە خەلقنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئائىلە «قەيەردە تۇرسا»، شۇ ئۆي-چېدىرلاردا جەم بولۇپ خۇدا بەرگەن ئارامدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار شۇ كۈنى خۇدانى سېغىنىپ، ئۇنىڭغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئىشلار مۇقەددەس قانۇندا رەسمىي بېكىتىلگەن ئەمەس.

3:23 **«خاس شابات كۈنى»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «شاباتلارنىڭ شاباتى» ــ مەخسۇس ئارام ئالىدىغان كۈن. **«سورۇنلار»** ــ مۇشۇ «سورۇنلار» دېگەننىڭ مەنىسى توغرۇلۇق 2-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«شابات كۈنى»** ــ مۇشۇ يەردە «شابات كۈنى»نىڭ تىلغا ئېلىنىشىنىڭ سەۋەبى بەلكىم شۇكى، مەلۇم بىر ھېيت شابات كۈنىگە توغرا كېلىپ قالغان بولسا، شۇ كۈنىدە ئوخشاشلا ئىش قىلماي ئارام ئېلىشى كېرەك ئىدى.

**3:23** مىس. 9:20؛ 12:23؛ قان. 13:5؛ لۇقا 14:13

مۇنۇلاردۇر: ــ [5] بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى گۇگۇمدا
پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» بولىدۇ.

[6] شۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «پېتىر نان»
ھېيتى بولىدۇ؛ سىلەر يەتتە كۈنگىچە پېتىر نان يەيسىلەر. [7] بىرىنچى
كۈنىدە سىلەر مۇقەددەس يىغىلىش قىلىپ، ھېچقانداق ئىش-
ئەمگەك قىلماڭلار. [8] سىلەر يەتتە كۈنگىچە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىقلارنى سۇنۇپ تۇرۇڭلار. يەتتىنچى كۈنىدە
مۇقەددەس يىغىلىش بولىدۇ؛ ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماڭلار.

## «دەسلەپكى ھوسۇل» ھېيتى

[9] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[10] سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ــ سىلەر مەن ئۆزۈڭلارغا تەقدىم
قىلىدىغان زېمىنغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ھوسۇل يىغقىنىڭلاردا،
ھوسۇلۇڭلارنىڭ دەسلەپكى پىشقىنىدىن بىر باغلامنى كاھىنىڭ
قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار. [11] كاھىن سىلەر ئۈچۈن قوبۇل بولۇشقا
ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلاتسۇن؛ ئۇنى پۇلاڭلاتقان ۋاقىت
بولسا شاباتنىڭ ئەتىسى بولىدۇ. [12] سىلەر ئۇنى پۇلاڭلاتقان كۈنىدە

4:23 **«پەرۋەردىگارنىڭ ھېيتلىرى»** ــ ھېيتلار توغرۇلۇق «چۆل.» 28-باب، «قان.» 16:1-17نىمۇ كۆرۈڭ
5:23 **«گۇگۇمدا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىككى كەچ ئارىلىقىدا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ــ دېمەك، كۈن پېتىۋاتقان چاغدىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت. **«ئۆتۈپ كېتىش «پاسخا» ھېيتى»** ــ بۇ ھېيت توغرۇلۇق «مىسىردىن چىقىش» 12-باب، بولۇپمۇ 13-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى، شۇنداقلا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
**5:23** مىس. 12:18؛ 23:15؛ چۆل. 28:16؛ قان. 16:1
10:23 **«ھوسۇلۇڭلارنىڭ دەسلەپكى پىشقىنىدىن بىر باغلامنى كاھىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار»** ــ بۇ ئايەتتىكى ھوسۇل بولسا ئارپا ھوسۇلى ئىدى. بۇغداي ھوسۇلى كېيىن بولىدۇ (16-ئايەت).
11:23 **«ئۇنى پۇلاڭلاتقان ۋاقىت بولسا شاباتنىڭ ئەتىسى بولىدۇ»** ــ «ئۆتۈپ كېتىش» (بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى) ھېيتىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ يەتتە كۈنلۈك «پېتىر نان ھېيت»ى بولىدۇ. يەھۇدىي ئەنئەنىلىرى بويىچە بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە كەلگەن شابات كۈنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى «دەسلەپكى ھوسۇل ھېيتى» بولىدۇ.

سىلەر بىر ياشقا كىرگەن بىجىرىم بىر قوزىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنۇڭلار؛ [13] شۇنىڭغا قوشۇپ ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇندىن بىر ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرىنى پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي كەلتۈرسۇن دەپ ئوتتا سۇنۇڭلار؛ بۇنىڭغا قوشۇپ شاراب ھەدىيەسى سۈپىتىدە شارابتىن بىر ھىننىڭ تۆتتىن بىرىنى سۇنۇڭلار. [14] سىلەر خۇدايىڭلارغا خاس بولغان بۇ ھەدىيەنى سۇنىدىغان كۈندىن ئىلگىرى يېڭى ھوسۇلدىن ھېچنېمىنى، نە نان نە قوماچ نە كۆك باش بولسۇن يېمەڭلار. بۇ دەۋردىن-دەۋرگىچە سىلەر ئۈچۈن قەيەردە تۇرساڭلار ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولسۇن.

## «ھەپتىلەر ھېيتى» ــ بەزىدە «ئورما ھېيتى»، «دەسلەپكى ئورما ھېيتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ

[15] ئاندىن سىلەر شۇ شابات كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن، يەنى شۇ بىر باغلامنى پۇلاڭلاتما ھەدىيە سۈپىتىدە سۇنغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن تارتىپ، يەتتە ھەپتە ساناڭلار (ئۇلار تولۇق ھەپتە بولۇشى كېرەك)؛ [16] يەتتىنچى شاباتنىڭ ئىككىنچى كۈنىگىچە ئەللىك كۈنى ساناڭلار؛ ئاندىن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ يېڭى ھوسۇلدىن بىر ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇڭلار. [17] ئۆزۈڭلار تۇرۇۋاتقان جايلاردىن پۇلاڭلاتما ھەدىيە سۈپىتىدە ئېسىل ئۇندىن بىر ئەفاھنىڭ ئوندىن ئىككىسىدە ئېتىلگەن ئىككى ناننى ئېلىپ كەلتۈرۈڭلار؛ ئۇلار ئېچىتقۇ سېلىپ ئېتىلگەن بولسۇن؛ بۇلار پەرۋەردىگارغا ئاتالغان دەسلەپكى ھوسۇل ھەدىيەسى دەپ ھېسابلىنىدۇ. [18] ناندىن باشقا يەنە بىر ياشلىق يەتتە بىجىرىم قوزا، ياش بىر تورپاق ۋە ئىككى قوچقارنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنۇڭلار؛ ئۇلارغا خاس ئاشلىق ھەدىيەلىرى ۋە

---

**15:23** قان. 16:9، 10

17:23 **«بۇلار ... دەسلەپكى ھوسۇل ھەدىيەسى دەپ ھېسابلىنىدۇ»** ــ بۇ ھوسۇل بولسا بۇغداي ھوسۇلى ئىدى. «دەسلەپكى ھوسۇل ھېيتى»دىكى ھوسۇل بولسا ئارپا ھوسۇلى ئىدى.

شاراب ھەدىيەلىرىنى قوشۇپ، ھەممىسى پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي كەلتۈرۈشكە سۇنۇلسۇن.
[19] بۇنىڭدىن باشقا سىلەر گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكىنى، ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر ياشلىق ئىككى قوزىنى كەلتۈرۈڭلار؛ [20] كاھىن بۇلارنى، يەنى شۇ ئىككى قوزىنى دەسلەپكى ھوسۇل نانلىرىغا قوشۇپ پۇلاڭلاتما ھەدىيە سۈپىتىدە پەرۋەردىگار ئالدىدا پۇلاڭلاتسۇن. بۇلار بولسا پەرۋەردىگارغا ئاتالغان مۇقەددەس سانىلىپ، كاھىنغا تەگسۇن. [21] شۇ كۈنى سىلەر «بۇگۈن بىزلەرگە مۇقەددەس يىغىلىش بولىدۇ» دەپ جاكارلاڭلار؛ شۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن قەيەردىلا تۇرساڭلار ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە بولىدۇ.

## ھوسۇل ئورۇش توغرۇلۇق بەلگىلىمە

[22] ئېتىزىڭنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تامام يىغىۋالماڭلار، ۋە ھوسۇلۇڭدىن قالغان ۋاشاڭنى تېرىۋالمىغىن، بەلكى بۇلارنى كەمبەغەللەر بىلەن مۇساپىرلارغا قويغىن. مەن ئۆزۈم خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.

## «كاناي چېلىش ھېيتى»

[23] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ [24] سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ــ
سىلەر يەتتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى تولۇق ئارام ئېلىپ، كانايلار چېلىنىش بىلەن ئەسلەتمە يوسۇندا ھېيت قىلىپ، مۇقەددەس سورۇنلارنى تۈزۈڭلار. [25] ئۇ كۈندە ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماڭلار؛ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان بىر قۇربانلىق سۇنۇڭلار.

---

22:23 لاۋ. 9:19؛ قان. 19:24

24:23 «كانايلار» ــ ياكى «بۇرغىلار» (قوچقارنىڭ مۈڭگۈزلىرى).

24:23 چۆل. 1:29

## «كەفارەت كۈنى»

[26] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[27] يەتتىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى بولسا كەفارەت كۈنى بولىدۇ؛
ئۇ كۈن سىلەر ئۈچۈن مۇقەددەس يىغىلىش كۈنى بولىدۇ؛ شۇ كۈنى
نەپسىڭلارنى تارتىپ ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇپ، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىقنى سۇنۇڭلار؛ [28] ئۇ كۈندە ھېچقانداق
ئىش-ئەمگەك قىلماڭلار؛ چۈنكى ئۇ بىر كەفارەت كۈنى بولۇپ، شۇ كۈن
ئۆزۈڭلار ئۈچۈن خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار ئالدىدا كەفارەت قىلىنىشقا
بېكىتىلگەندۇر. [29] ھەركىم شۇ كۈنى نەپسىنى تارتماي ئۆزىنى تۆۋەن
تۇتمىسا ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. [30] كىمدەكىم شۇ كۈندىمۇ
ھەرقانداق بىر ئىش قىلسا، مەن شۇ ئادەمنى ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ
تاشلايمەن. [31] شۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار؛ بۇ دەۋردىن-
دەۋرگىچە سىلەر ئۈچۈن قەيەردە تۇرساڭلار بىر ئەبەدىي بەلگىلىمە
بولىدۇ. [32] ئۇ كۈن سىلەر ئۈچۈن تولۇق ئارام ئالىدىغان شابات كۈنى
بولىدۇ؛ نەپسىڭلارنى تارتىپ ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار. شۇ ئاينىڭ
توققۇزىنچى كۈنى گۇگۇمدىن تارتىپ ئەتىسى گۇگۇمغىچە شابات
كۈنىگە رىئايە قىلىپ ئارام ئېلىڭلار.

## «كەپىلەر ھېيتى»

[33] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[34] سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ــ يەتتىنچى ئاينىڭ ئون
بەشىنچى كۈنىدىن باشلاپ، يەتتە كۈنگىچە پەرۋەردىگارنىڭ «كەپىلەر
ھېيتى» بولىدۇ. [35] بىرىنچى كۈندە مۇقەددەس يىغىلىش بولىدۇ؛

**27:23 «كەفارەت كۈنى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كەفارەتلەر كۈنى» **«نەپسىڭلارنى تارتىپ ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇپ، ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يەھۇدىي ئەنئەنىلىرى بويىچە بۇ ئىشلار روزا تۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 16:29-31نىمۇ كۆرۈڭ.

**27:23** لاۋ. 16:29،31؛ چۆل. 7:29

**34:23 «يەتتىنچى ئاي»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بۇ يەتتىنچى ئاي».

**34:23** مىس. 16:23؛ چۆل. 12:29؛ قان. 15:16

ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماڭلار. [36] يەتتە كۈنگىچە پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق سۇنۇڭلار؛ سەككىزىنچى كۈندە
سىلەرگە مۇقەددەس يىغىلىش بولىدۇ؛ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا
سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق سۇنۇڭلار. بۇ ئۆزى تەنتەنىلىك يىغىلىش
بولغاچ، ئۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماڭلار.
[37] سىلەر «مۇقەددەس سورۇنلار بولسۇن» دەپ جاكارلايدىغان، يەنى
پەرۋەردىگار بېكىتكەن ھېيتلار مانا شۇلاردۇر. شۇ سورۇنلاردا سىلەر
ھەرقايسى كۈنگە بېكىتىلگىنى بويىچە، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا
سۇنۇلىدىغان ھەدىيە-قۇربانلىق، يەنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق
ھەدىيەسى، باشقا ھەرخىل قۇربانلىقلار ۋە شاراب ھەدىيەلەرنى
سۇنىسىلەر؛ [38] بۇلاردىن باشقا، پەرۋەردىگارنىڭ شابات كۈنلىرىنى
تۇتىسىلەر ۋە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قالغان ھەدىيەلىرىڭلارنى بېرىپ،
قەسەم قۇربانلىقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىپ، ئىختىيارىي
قۇربانلىقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى سۇنىسىلەر.
[39] سىلەر ئەمدى زېمىندىن ھوسۇل-مەھسۇلاتلىرىنى يىغىپ بولۇپ،
يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدىن باشلاپ يەتتە كۈن
پەرۋەردىگارنىڭ ھېيتىنى ئۆتكۈزۈڭلار. بىرىنچى كۈنى تولۇق ئارام
ئېلىش بولىدۇ، سەككىزىنچى كۈنىدىمۇ تولۇق ئارام ئېلىش بولىدۇ.
[40] بىرىنچى كۈنى سىلەر ئېسىل دەرەخلەردىن شاخ-پۇتاقلارنى چاتاپ،
يەنى خورما دەرەخلىرى بىلەن قويۇق يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ
شاخلىرىنى كېسىپ، ئېرىق بويىدىكى سۆگەت چىۋىقلىرىنى قىرقىپ
خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار ئالدىدا يەتتە كۈننى شۇنداق شاد-خۇرام ئۆتكۈزىسىلەر. [41] سىلەر ھەر يىلى بۇ يەتتە كۈننى پەرۋەردىگارغا ئاتىغان بىر ھېيت

36:23 يۇھ. 37:7

39:23 **«ھوسۇل-مەھسۇلاتلىرى»** ــ مۇشۇ «ھوسۇل-مەھسۇلاتلىرى» ئاشلىقلار ھەم ھەرخىل مېۋە-چىۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

40:23 **«ئېسىل دەرەخلەردىن شاخ-پۇتاقلارنى چاتاپ، ...»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئېسىل دەرەخلەردىن مېۋىنى چاتاپ، ...».

سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈڭلار؛ دەۋردىن-دەۋرگىچە بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەبەدىي بىر
بەلگىلىمە بولىدۇ. سىلەر ھېيتنى يەتتىنچى ئايدا ئۆتكۈزۈڭلار. [42] يەتتە
كۈنگىچە كەپىلەردە تۇرۇڭلار. ئىسرائىلدا تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى
كەپىدە تۇرسۇن. [43] بۇنىڭ بىلەن مەن ئىسرائىللارنى مىسىر زېمىنىدىن
چىقارغىنىمدا، ئۇلارنى كەپىلەردە تۇرغۇزغىنىمنى ئەۋلادلىرىڭلار بىلىدۇ.
ئۆزۈم خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[44] شۇنداق قىلىپ مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ بېكىتكەن شۇ ھېيتلىرىنى
ئىسرائىللارغا بايان قىلدى.

## «چىراغدان» ۋە «تەقدىم نان»
## شەرەسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر

24 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[2] ئىسرائىللارغا چىراغ ھەمىشە يېنىق تۇرۇشى ئۈچۈن
زەيتۇندىن سوقۇپ چىقىرىلغان ساپ مايىنى ساڭا ئېلىپ كېلىشكە
بۇيرۇغىن. [3] ھارۇن جامائەت چېدىرىنىڭ ئىچىدە، ھۆكۈم-گۇۋاھلىق
ساندۇقىنىڭ ئۈدۈلىدىكى پەردىنىڭ سىرتىدا ھەر كېچىسى
ئەتىگەنگىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا چىراغلارنى شۇنداق پەرلەپ
تۇرسۇن. بۇ دەۋردىن-دەۋرگىچە سىلەر ئۈچۈن ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە
بولىدۇ. [4] ھارۇن ھەمىشە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا بۇ چىراغلارنى پاك
چىراغداننىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويسۇن.

42:23 **«يەتتە كۈنگىچە كەپىلەردە تۇرۇڭلار، ...»** — بۇ كەپىلەر يۇقىرىدىكى شاخ-چىۋىقلاردىن ياسىلىشى كېرەك.

3:24 **«ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقى»** — مۇشۇ يەردە «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق» خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان تۈپ ئەمرلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان ئەھدىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ خۇدانىڭ مۇقەددەس ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى شۇ ئەمرلەردە ئايان قىلىنغاچقا، «ھۆكۈم-گۇۋاھ» دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇقۇرمەنلەرگە ئايانكى، شۇ ئەمرلەر ئەھدە ساندۇقى ئىچىدە ساقلانغان تاش تاختايلار ئۈستىدە پۈتۈكلۈك ئىدى. شۇڭا بەزىدە ساندۇق «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقى»، ئىبادەت چېدىرى بولسا، «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

4:24 **«پاك چىراغدان»** — ياكى «ساپ ئالتۇن چىراغدان».

[5] سەن يەنە ئېسىل بۇغداي ئۇنىدىن ئون ئىككى توقاچنى ئەتكىن. ھەربىر توقاچ بىر ئەفاھىنىڭ ئوندىن ئىككىسىگە باراۋەر بولسۇن. [6] ئاندىن سەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىكى پاك شىرەنىڭ ئۈستىگە ئالتىدىن ئىككى قاتار قىلىپ تىزغىن. [7] ھەربىر قاتارنىڭ ئۈستىگە ساپ مەستىكى قويغىن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان ھەدىيە، ئەسلەتمە نان بولىدۇ.

[8] بۇلارنى ئۇ ئىسرائىللارغا ۋاكالىتەن ھەربىر شابات كۈنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تىزسۇن؛ بۇ ئەبەدىي بىر ئەھدىدۇر. [9] نانلار ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋە بولىدۇ؛ ئۇلار ئۇلارنى مۇقەددەس جايدا يېسۇن؛ چۈنكى بۇ نەرسىلەر پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلغان نەرسىلەر ئىچىدە «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى» دەپ سانىلىپ، ھارۇنغا تەۋە بولىدۇ؛ بۇ ئەبەدىي بىر بەلگىلىمىدۇر.

## خۇدانىڭ نامىغا كۇپۇرلۇق قىلىش گۇناھىنىڭ جازاسى

[10] ئانىسى ئىسرائىلىي، ئاتىسى مىسىرلىق بىر ئوغۇل بار ئىدى. ئۇ ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىغا باردى؛ ئۇ چېدىرگاھتا بىر ئىسرائىلىي بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. [11] ئۇلار سوقۇشقاندا ئىسرائىلىي ئايالنىڭ ئوغلى كۇپۇرلۇق قىلىپ، مۇقەددەس نامنى بۇلغاپ قارغىدى. خەلق ئۇنى مۇسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇ كىشىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى شېلومىت بولۇپ، ئۇ دان قەبىلىسىدىن بولغان دىبرىنىڭ قىزى ئىدى. [12] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈم بۇيرۇقى چىققۇچە ئۇ كىشىنى سولاپ قويدى.
[13] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ

---

6:24 **«پاك شىرە»** ــ ياكى «ساپ ئالتۇن شىرە».

**9:24** مىس. 32:29؛ لاۋ. 31:8؛ 1سام. 6:21؛ مات. 4:12

12:24 **«...پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈم بۇيرۇقى چىققۇچە،...»** ــ ئىبرانىيچە تىلدا «...پەرۋەردىگارنىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئۇ ھۆكۈم چىقارغۇچە،...».

[14] قارغىغۇچىنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىڭلار. ئۇنىڭ
ئېيتقىنىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى ئۇنىڭ بېشىغا
قويسۇن، ئاندىن پۈتكۈل جامائەت بىر بولۇپ ئۇنى چالما-كېسەك قىلسۇن.
[15] ھەمدە سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: — ئەگەر
بىركىم ئۆز خۇداسىنى ھاقارەتلەپ قارغىسا ئۆز گۇناھىنى
تارتىدۇ. [16] پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا كۇپۇرلۇق قىلغان ھەرقانداق كىشى
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن؛ پۈتكۈل جامائەت چوقۇم بىر بولۇپ ئۇنى
چالما-كېسەك قىلسۇن؛ مەيلى ئۇ مۇساپىر بولسۇن ياكى يەرلىك
بولسۇن، مۇقەددەس نامغا كۇپۇرلۇق قىلسا ئۆلتۈرۈلسۇن.
[17] ئەگەر بىرسى باشقا بىرسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە، ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم
قىلىنسۇن.
[18] بىرسى بىر چارپاينى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھايۋاننى تۆلەپ،
جانغا-جان تۆلەپ بەرسۇن.
[19] بىركىم ئۆز قوشنىسىنى مېيىپ قىلسا، ئۇ ئۆزگىگە قانداق
قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ شۇنداق قىلىنسۇن. [20] بىرەر ئەزاسى
سۇندۇرۇۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭمۇ سۇندۇرۇلسۇن؛ كۆزىگە-
كۆز، چىشىغا-چىش ناكار قىلىنسۇن؛ باشقا كىشىنى قانداق
زەخىملەندۈرگەن بولسا ئۇمۇ ھەم شۇنداق قىلىنسۇن.
[21] كىمدەكىم بىر چارپاينى ئۆلتۈرسە، چارپاي تۆلەپ بەرسۇن؛ ئادەمنى
ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن كىشى بولسا، ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنسۇن.
[22] سىلەردە بىرلا قانۇن بولسۇن. مۇساپىر ياكى يەرلىك بولسۇن، باراۋەر
مۇئامىلە قىلىنسۇن؛ چۈنكى مەن خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[23] مۇسا ئىسرائىللارغا شۇلارنى دېدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ
قارغىغۇچىنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، چالما-
كېسەك قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا
ئەمر قىلغىنىدەك قىلدى.

---

**16:24 «مۇقەددەس نام»** — مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلدا پەقەت «نام» دېيىلىدۇ.

**20:24** مىس. 24:21؛ قان. 21:19؛ مات. 38:5.

## زېمىننىڭ «شابات يىلى»

25 [1] پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق
دېدى: ــ [2] سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ــ مەن سىلەرگە
بېرىدىغان زېمىنغا كىرگىنىڭلاردا ئۇ زېمىننىڭ ئۆزىمۇ پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ بىر شابات ئارامىنى ئالسۇن. [3] سەن ئالتە يىل ئېتىزىڭنى تېرىپ،
ئالتە يىل تاللىق بېغىڭنى چاتاپ، ئۇلاردىن ھوسۇللارنى يىغقىن؛ [4] ئەمما
يەتتىنچى يىلى زېمىننىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىر «شاباتلىق ئارام» بولسۇن؛
ئۇ پەرۋەردىگارغا ئاتالغان بىر «شابات» ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى سەن
ئېتىزىڭنى تېرىمايسەن ۋە تاللىقىڭنى چاتىمايسەن. [5] ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ
چىققان ھوسۇلنى ئورمايسەن؛ ۋە چاتالمىغان تاللىرىڭنىڭ ئۈزۈملىرىنى
ئۈزمەيسەن؛ چۈنكى شۇ يىل زېمىن ئارام ئالىدىغان يىلدۇر.
[6] ھالبۇكى، زېمىن شابات يىلىدا چىقارغان ھوسۇل ھەممىڭلارغا
ئوزۇق بولىدۇ، يەنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن، قۇل-دېدىكىڭ ئۈچۈن، مەدىكارىڭ
ئۈچۈن ۋە سېنىڭكىدە تۇرۇۋاتقان مۇساپىر ئۈچۈن، شۇنىڭدەك مال-
ۋارانلىرىڭ ئۈچۈن [7] ۋە زېمىنىڭدىكى ياۋايى ھايۋانلار ئۈچۈنمۇ ئوزۇق
بولىدۇ؛ زېمىننىڭ ھەممە ھوسۇلى ئوزۇق بولىدۇ.

## «كاناي-بۇرغا چالىدىغان يىلى»،
## يەنى «ئازادلىق يىلى»، «شادلىق يىلى»

[8] شۇنىڭدەك سەن يەتتە قېتىملىق شابات يىلىنى، يەنى يەتتە ھەسسە
يەتتە يىلنى سانىغىن؛ يەتتە شابات يىل كۈنلىرى قىرىق توققۇز

---

**2:25** مىس. 10:23

7:25 **«... زېمىنىڭدىكى ياۋايى ھايۋانلار ئۈچۈنمۇ ئوزۇق بولىدۇ؛ زېمىننىڭ ھەممە ھوسۇلى ئوزۇق بولىدۇ»** ــ دېمەك، (1) ئېتىز-تاللىقنىڭ ئىگىسى ئۆز يېرىدىن ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ چىققان «تەبىئىي ھوسۇل»نى ئورغاق ۋە پىچاق بىلەن ھەرگىز ئالماسلىقى كېرەك؛ (2) بارلىق خەلق شۇ «تەبىئىي ھوسۇل»دىن، شۇنداقلا ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى ۋە زېمىندىكى باشقا تەبىئىي ئوزۇقلۇقنى (كىمنىڭ يېرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) خالىغانچە قول بىلەن ئۈزسە بولاتتى؛ (3) ھەتتا زېمىندىكى ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشقا بولاتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىز ئەتراپىدىكى چىت-قاشالارنى ئېچىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

يىل بولىدۇ. [9]شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ، يەتتىنچى ئايدا، ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى، كەفارەت كۈنىدە بۇرغا چېلىپ ساداسىنى يۇقىرى چىقىرىسىلەر؛ كەفارەت كۈنىنىڭ ئۆزىدە سىلەر پۈتكۈل زېمىنىڭلاردا بۇرغىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىتىسىلەر.
[10]شۇ ئەللىكىنچى يىلنى سىلەر مۇقەددەس دەپ بىلىپ، پۈتكۈل زېمىندا ئۇنىڭدا بارلىق تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە ئازادلىقنى جاكارلىشىڭلار كېرەك. شۇ يىل سىلەرگە «ئازادلىق يىلى» بولىدۇ، ھەربىرىڭلار ئۆز يەر-مۈلۈكلىرىڭلارغا قايتىسىلەر، ھەربىرىڭلار ئۆز ئائىلە-جەمەتىڭلارغا قايتىپ بارىسىلەر. [11]بۇ ئەللىكىنچى يىلى سىلەرگە بىر ئازادلىق يىلى بولسۇن؛ ئۇ يىلى ھېچ نېمە تېرىمايسىلەر، ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ چىققان ھوسۇلنىمۇ ئورمايسىلەر ۋە چاتالمىغان تاللىرىڭلارنىڭ ئۈزۈملىرىنىمۇ يىغمايسىلەر. [12]چۈنكى بۇ ئازادلىق يىلى بولۇپ، سىلەرگە مۇقەددەس ھېسابلانسۇن؛ ئۇنىڭ ھوسۇلىنى بولسا، ئېتىز-داللاردىن تېپىپ ھەممىڭلار يەيسىلەر.

## يەر-مۈلۈكلەرنىڭ ياندۇرۇلۇشى

[13]ئازادلىق يىلى ئاراڭلاردىكى ھەربىر ئادەم ئۆز يەر-مۈلكىگە قايتسۇن. [14]سىلەر قوشناڭلارغا بىرنېمە سېتىپ بەرسەڭلار، ياكى قوشناڭلاردىن بىرنېمە سېتىۋالساڭلار، بىر-بىرىڭلارنى بوزەك قىلماڭلار. [15]قوشناڭدىن يەرنى سېتىۋالساڭ، ئۇنداقتا «ئازادلىق يىلى»دىن كېيىن ئۆتكەن يىللارنىڭ سانىنى ھېسابلاپ ئۇنىڭدىن سېتىۋېلىشىڭ كېرەك؛ ئۇمۇ قالغان يىللارنىڭ سانىغا قاراپ، يەرنىڭ

---

10:25 **«ئازادلىق يىلى»** ــ ئەسلىدە ئىبرانيي تىلىدا «بۇرغا (چېلىش) يىلى» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن، ئۇنىڭ چۈشەنچىسى تېزلا «ئازادلىق يىلى»، «شادلىق يىلى» دېگەنگە ئۆزگەردى.
12:25 **«شابات يىلى»** ــ بۇ ئىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى، 5-7-ئايەتلەردىن ۋە ئىزاھاتلىرىدىن كۆرۈڭ.
14:25 **«سىلەر قوشناڭلارغا بىرنېمە سېتىپ بەرسەڭلار، ياكى قوشناڭلاردىن بىرنېمە سېتىۋالساڭلار»** ــ بۇ ئايەتتىكى «بىرنېمە» شۈبھىسىزكى يەر-زېمىنلارنى ياكى ئېگىلىكنى كۆرسىتىدۇ (13-ئايەتنى كۆرۈڭ).

كېيىنكى ھوسۇللىرىغا ئاساسەن ساتقا سېتىپ بەرسۇن. [16] «ئازادلىق يىلى»غىچە بولغان يىللار كۆپرەك بولسا، باھاسىنى شۇنىڭغا مۇۋاپىق يۇقىرى كۆتۈرسەن؛ قالغان يىللار ئازراق بولسا، باھاسىنى شۇنىڭغا مۇۋاپىق كېمەيتسۇن. چۈنكى قالغان يىللارنىڭ ھوسۇللىرى قانچە بولسا، ئۇ شۇ بويىچە ساتقا سېتىپ بېرىدۇ. [17] سىلەر بىر-بىرىڭلارنى بوزەك قىلماڭلار، بەلكى خۇدايىڭلاردىن قورقۇڭلار؛ چۈنكى مەن بولسام خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.

[18] سىلەر مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇپ، ھۆكۈملىرىمدە تۇرۇپ، شۇلارغا ئەمەل قىلىڭلار؛ سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، زېمىنىڭلاردا تىنچ-ئامان تۇرىسىلەر. [19] شۇنىڭ بىلەن زېمىن سىلەرگە ئۆز مېۋىسىنى بېرىدۇ، سىلەر تويغۇدەك يەپ، ئۇنىڭدا تىنچ-ئامان تۇرىسىلەر.

[20] ئەگەر سىلەر: ــ مانا، بىزگە تېرىپ ھوسۇلنى يىغىشقا ئىجازەت بېرىلمىسە، يەتتىنچى يىلى نېمە يەيمىز، دەپ سورىساڭلار، [21] سىلەرگە مەلۇم بولسۇنكى، ئالتىنچى يىلىدا ئۈچ يىلنىڭ ھوسۇلىنى بەرسۇن دەپ، مەن ئۇستۈڭلارغا بەرىكىتىمنى «چۈش» دەپ بۇيرۇيمەن. [22] ۋە شۇنداق بولىدۇكى، سىلەر سەككىزىنچى يىلى تېرىيسىلەر، ئەمما توققۇزىنچى يىلىغىچە ئېشىپ قالغان كونا ھوسۇلدىن تېخىچە يەيسىلەر؛ شۇ توققۇزىنچى يىلىغىچە سىلەر كونا ئاشلىقتىن يەيسىلەر.

[23] يەر-زېمىن سېتىلسا، مەڭگۈلۈك سېتىلمىسۇن، چۈنكى زېمىننىڭ ئۆزى مېنىڭكىدۇر، سىلەر بولساڭلار مېنىڭ يېنىمدىكى مۇساپىر ۋە مېھمان، خالاس. [24] سىلەر ئىگە بولىدىغان پۈتكۈل زېمىندا يەر-زېمىننىڭ ئىگىلىرىگە ئۇنى «قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى»نى يارىتىپ بېرىشىڭلار كېرەك. [25] ئەگەر قېرىنداشلىرىڭلاردىن بىرى كەمبەغەللىشىپ، ئۆز مىراس يېرىنى سېتىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى، يەنى «ھەمجەمەت شاپائەتچى»سى كېلىپ ئۆز قېرىندىشى ساتقان يەرنى قايتۇرۇپ سېتىۋالسۇن. [26] ئەگەر ئۇنىڭ ھېچ

25:25 **«ھەمجەمەت شاپائەتچى»** ــ مۇشۇ سۆز ئىبرانىي تىلدىكى «گوئېل»نىڭ تەرجىمىسىدۇر. تەۋراتتىكى نۇرغۇن يەرلەردە بۇ سۆز تېپىلىدۇ (مەسىلەن، «ئايۇپ» 19:25نى ۋە

شاپائەتچى تۇغقىنى بولمىسا، لېكىن ئۇ ياندۇرۇۋېلىشقا كېرەكلىك پۇلنى تاپالىسا، [27] ئۇنداقتا ساتقىنىغا قانچە يىل بولغانلىقىنى ھېسابلاپ، ئازادلىق يىلىغىچە قالغان يىللار ئۈچۈن سېتىۋالغان كىشىگە مۇۋاپىق پۇل بېرىپ، ئۆز يېرىگە قايتسۇن. [28] لېكىن ئەگەر ئۇ ياندۇرۇۋېلىشقا كېرەكلىك پۇلنى تاپالمىسا، ئۆزى سېتىپ بەرگەن يەر ئازادلىق يىلىغىچە ئالغۇچىنىڭ قولىدا تۇرسۇن؛ ئازادلىق يىلى كەلگەندە يەر يەر سېتىۋالغۇچىنىڭ قولىدىن چىقسۇن، ئۆز ئىگىسى ئۆز يەر-مۈلكىگە قايتسۇن.

## سېتىپ بەرگەن ئۆيلەر توغرۇلۇق

[29] ئەگەر بىرسى سېپىللىق شەھەرنىڭ ئىچىدىكى بىر تۇرالغۇ ئۆينى ساتقان بولسا، سېتىپ بىر يىل ئىچىدە ئۇنى ياندۇرۇۋېلىش ھوقۇقى باردۇر. تولۇق بىر يىل تۆگەپ بولغۇچە، ياندۇرۇۋېلىش ھوقۇقى باردۇر.
[30] لېكىن پۈتۈن يىل ئىچىدە ياندۇرۇۋېلىنمىسا، سېپىللىق شەھەرنىڭ ئىچىدىكى بۇ ئۆي نەسىلدىن-نەسىلگە ئالغان كىشىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئازادلىق يىلى كەلسىمۇ ياندۇرۇلماس.
[31] لېكىن سېپىلسىز كەنتلەرنىڭ ئۆيلىرى بولسا زېمىنىنىڭ ئېتىزلىرىدەك ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇلارنى ياندۇرۇپ سېتىۋالغىلى بولىدۇ؛ ئازادلىق يىلى كەلگەندە ئەسلى ئىگىسىنىڭ قولىغا ياندۇرۇلىدۇ.
[32] لېكىن لاۋىي شەھەرلىرىدە بولسا، لاۋىيلار ئۆز مىراسى بولغان شەھەرلەردىكى ئۆيلىرىنى خالىسا ھەرقاچان قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى باردۇر. [33] لاۋىيلاردىن بىرى ئۆيلىرىنى، يەنى ئۆز مىراسى

---

ئىزاھاتنى كۆرۈڭ). بەزىدە «ھەمجەمەت قۇتقۇزغۇچى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ سۆز ئومۇمەن بىرسىنىڭ مەلۇم ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغىنىدا، ئۇنىڭغا تۇغقانچىلىق (ھەمجەمەتلىك) قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان قۇتقۇزغۇچى تۇغقىنىنى بىلدۈرىدۇ.

25:26 **«لېكىن ئۇ ياندۇرۇۋېلىشقا كېرەكلىك پۇلنى تاپالىسا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ «ئۇنىڭ قولى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

25:32 **«لاۋىيلارنىڭ شەھەرلىرى»** ــ ئىسرائىل ئىچىدە لاۋىيلارغا ئالاھىدە خاس بولغان 48 شەھەر بار ئىدى («چۆل.» 35-باب، «يەشۇئا» 21-بابنى كۆرۈڭ).

بولغان شەھەردىكى بىر ئۆيىنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى بار بولسىمۇ، لېكىن قايتۇرۇۋپ ئالمىغان بولسا، ئۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئازادلىق يىلى كەلگەندەياندۇرۇلىدۇ؛ چۈنكى لاۋىي شەھەرلىرىنىڭ ئۆيلىرى بولسا لاۋىيلارنىڭ ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدىكى مىراسى بولىدۇ. [34] شۇنداق ھەم بۇلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى ئېتىز-يەرلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەبەدىي مىراسى بولغاچقا، سېتىلسا بولمايدۇ.

## قەرزلەر ۋە قۇللار توغرۇلۇق بەلگىلىمىلەر

[35] ساڭا قوشنا بولغان، قېرىنداشلىرىڭلاردىن بىرى كەمبەغەللىشىپ، ئۆز جېنىنى باقالماي قالسا، سەن ئۇنى مۇساپىر ياكى ياقا يۇرتلۇق مېھماندەك يېنىڭدا تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالغىن. [36] سەن ئۇنىڭدىن ئۆسۈم ۋە ياكى پايدا ئالمىغىن؛ سەن خۇدايىڭدىن قورقۇپ، قېرىندىشىڭنى قېشىڭدا تۇرۇشقا قويغىن. [37] پۇلۇڭنى ئۇنىڭغا ئۆسۈمگە بەرمە، ئاشلىقىڭنىمۇ پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئۆتنە بەرمىگىن.

[38] خۇدايىڭلار بولۇشقا، قانائان زېمىنىنى سىلەرگە بېرىشكە سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار ئۆزۈمدۇرمەن.

[39] ئەگەر ساڭا قوشنا بولغان قېرىندىشىڭ كەمبەغەللىشىپ، ئۆزىنى ساڭا ساتسا، ئۇنى قۇلدەك قۇللۇق خىزمىتىگە سالمىغىن؛ [40] بەلكى

---

**33:25 «لاۋىيلاردىن بىرى ئۆيلىرىنى... قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى بار بولسىمۇ،... ئۇ ئازادلىق يىلى كەلگەندە ياندۇرۇلىدۇ»** — ياكى «ئەگەر لاۋىيلاردىن بىرى باشقا بىرسىدىن (يەنى باشقا بىر لاۋىي ئادەمدىن) ئۆز مىراسى بولغان شەھىرىدە بىر ئۆيىنى سېتىۋالسىمۇ، ئازادلىق يىلى كەلگەندە ياندۇرۇلىدۇ». بۇ ئايەتنىڭ يەنە بەزى باشقا تەرجىمىلىرى ياكى شەرھلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

**34:25 «... بۇلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى ئېتىز-يەرلىرى ... سېتىلسا بولمايدۇ»** — بۇ ئېتىزلار ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي تەئەللۇقاتى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ «كوللېكتىپ» تەئەللۇقى ئىدى.

**36:25** مىس. 25:22؛ قان. 18:23؛ پەند. 8:28؛ ئەز. 8:18؛ 12:22

**39:25** مىس. 2:21؛ قان. 12:15؛ يەر. 14:34

ئۇ قېشىڭدا مەدىكار ياكى مۇساپىردەك تۇرسۇن؛ ئازادلىق يىلىغىچە
سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولسۇن؛ [41] ئاندىن ئازاد بولۇپ ئۆزى بىلەن
باللىرى قېشىڭدىن چىقىپ، ئۆز جەمەتىگە يېنىپ بېرىپ، ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ يەر-مۈلكىگە قايتسۇن. [42] چۈنكى ئۇلار مەن ئۆزۈم مىسىر
زېمىنىدىن چىقىرىپ ئېلىپ كەلگەن قۇل-بەندىلىرىم بولغاچقا،
ئۇلارنى قۇلدەك سېتىشقا يول قويماڭلار. [43] سەن ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق
بىلەن خوجىلىق قىلمايسەن، بەلكى خۇدايىڭدىن قورققىن.
[44] لېكىن ئۆزۈڭگە قۇل ياكى دېدەك ئالماقچى بولساڭ، ئۇلارنى
ئەتراپىڭكى يات ئەللەردىن شۇنداق قۇل يا دېدەك سېتىۋالساڭ
بولىدۇ. [45] بۇلاردىن باشقا، ئاراڭلاردا ئولتۇراقلاشقان مۇساپىرلارنىڭ
پەرزەنتلىرىنى ۋە شۇلارنىڭ جەمەتىدىن، يەنى سىلەر بىلەن بىللە
تۇرۇۋاتقان، زېمىنىڭلاردا تۇغۇلغانلاردىن قۇللار سېتىۋالساڭلار بولىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىلەرنىڭ مۈلكۈڭلار بولۇپ قالىدۇ. [46] سىلەر
مۇشۇلارنى ئۆزۈڭلاردىن كېيىنكى باللىرىڭلارغا مىراس قىلىپ،
ئۇلارغا مۈلۈك بولۇشقا قالدۇرساڭلار بولىدۇ؛ مۇشۇلارنى ئەبەدگىچە قۇل
قىلساڭلار بولىدۇ؛ لېكىن ئۆز قېرىنداشلىرىڭلار بولغان ئىسرائىللار
ئارىسىدا بولسا، بىر-بىرىڭلارغا قاتتىق قوللۇق بىلەن خوجىلىق
قىلماسلىقىڭلار كېرەك.
[47] ئەگەر ئاراڭلاردا ئولتۇرۇشلۇق بىر مۇساپىر ياكى ياقا يۇرتلۇق
بېيىغان ۋە ئۇنىڭغا قوشنا قېرىندىشىڭ كەمبەغەللىشىپ، ئۆزىنى
شۇ قوشنا مۇساپىرغا ۋە ياكى شۇ مۇساپىرنىڭ مەلۇم بىر ئەۋلادىغا
ساتسا، [48] ئۇ سېتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا پۇل تۆلەپ ھۆرلۈككە
چىقىش ھوقۇقى قالىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ ھەرقايسىسى

---

41:25 **«ئاندىن قۇل ئازاد بولۇپ ئۆزى بىلەن باللىرى ... ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يەر-مۈلكىگە قايتسۇن»** ـــ «مىس.» 21:2-6ئايەتلەردە بېرىلگەن بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىبرانىي قۇل ئالتە يىل ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئازادلىققا قويۇپ بېرىلىشى كېرەك. لېكىن «ئازادلىق يىلى» ئۇنىڭ ئىشلەشكە كېرەك بولغان ئالتە يىل توشمايلا كەلسە، شۇ يىلى ئۇ ئائىلىسى بىلەن ئازادلىققا چىقىدۇ.

**43:25** ئەف. 6:9؛ كول. 4:1

ئۇنى ھۆرلۈككە سېتىۋالسا بولىدۇ. [49] شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تاغىسى ياكى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە ياكى جەمەتىدىن بولغان ھەرقايسى يېقىن تۇغقىنى ئۇنى ھۆرلۈككە سېتىۋالسا بولىدۇ؛ ياكى ئۆزىنىڭ قۇربى يەتسە، پۇل بېرىپ ئۆز-ئۆزىنى ھۆرلۈككە سېتىۋالسا بولىدۇ. [50] ئۇنى سېتىۋالىدىغان كىشى ئۇنىڭ خوجىسى بىلەن گەپلىشىپ سېتىلغان يىلدىن تارتىپ ئازادلىق يىلىغىچە قانچىلىك بولغانلىقىنى ھېسابلاپ، سېتىۋېلىش باھاسىنى يىللارنىڭ سانىغا قاراپ ھېسابلىسۇن؛ ھۆرلۈك پۇلى ھېسابلاشتا قۇلنىڭ خوجىسىغا ئىشلەشكە كېرەك بولغان قالغان كۈنلىرىنىڭ ھەققى «مەدىكارنىڭ ئىشلىگەن كۈنلىرى»دەك ھېسابلانسۇن. [51] ئازادلىق يىلىغا يەنە خېلى يىللار بولسا، شۇنى ھېسابلاپ، سېتىلغان پۇلنىڭ نىسبىتى بويىچە ھۆرلۈك پۇلىنى ھېسابلاپ بەرسۇن؛ [52] ئەگەر ئازادلىق يىلىغا ئاز يىللار قالغان بولسا، ئۇنى ھېساب قىلىپ، قالغان قۇللۇق يىللىرىغا مۇۋاپىق پۇلنى ياندۇرۇپ بەرسۇن.

[53] بولمىسا، قۇل شۇ خوجىسىنىڭ يېنىدا يىللىق مەدىكاردەك تۇرۇشى كېرەك؛ ئۇنىڭ خوجىسى سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا ئۇنىڭغا قاتتىق قوللۇق بىلەن خوجىلىق قىلمىسۇن.

[54] ئەگەر قۇل يۇقىرىقى يوللار بىلەن ھۆرلۈككە چىقالمىسا، ئازادلىق يىلى كەلگەندە قويۇپ بېرىلسۇن ــ ئۇ بالىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئازاد

49:25 **«... ئۆزىنىڭ قۇربى يەتسە، پۇل بېرىپ ئۆز-ئۆزىنى ھۆرلۈككە سېتىۋالسا بولىدۇ»** ــ دېمەك، خوجايىنى يات ئەللىك بولسا، «مىس.» 2:21-6-ئايەتلەردىكى «قۇل ئالتە يىل ئىشلەپ ئاندىن ئازاد بولىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ئىناۋەتلىك بولمايدۇ.

50:25 **«... قالغان كۈنلىرىنىڭ ھەققى «مەدىكارنىڭ ئىشلىگەن كۈنلىرى»دەك ھېسابلانسۇن»** ــ دېمەك، قالغان يىللارغا مەدىكارنىڭ ئىش ھەققى ئۆلچىمى بويىچە پۇل ھېسابلاپ تۆلىشى كېرەك.

53:25 **«... ئۇنىڭ خوجىسى سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا ئۇنىڭغا قاتتىق قوللۇق بىلەن خوجىلىق قىلمىسۇن»** ــ دېمەك، يەھۇدىيلاردىن بىرى ياقا يۇرتلۇق بىر خوجايىننىڭ قول ئاستىدا قۇل بولۇپ ئىشلىسە، قوشنا بولغان يەھۇدىي قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك.

بولىدۇ. [55] چۈنكى ئىسرائىللارنىڭ ئۆزى ماڭا قۇل-بەندىلەردۇر؛ ئۇلار
مەن ئۆزۈم مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن قۇل-بەندىلىرىمدۇر.
خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار ئۆزۈمدۇرمەن.

## خۇداغا ئىتائەتمەن بولۇشنىڭ بەخت-بەرىكىتى، ئىتائەتسىزلىك كەلتۈرىدىغان بالايىئاپەتلەر

26 [1] سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ھېچقانداق بۇت ياسىماڭلار ياكى
ئۆزۈڭلارغا ھېچ ئويما مەبۇد ياكى ھەيكەل-تۈۋرۈكنى
تۇرغۇزماڭلار ياكى ئۇلارغا باش ئۇرۇشقا ئويۇلغان نەقىشلىك تاشلارنى
زېمىنىڭلاردا ھەرگىز تىكلىمەڭلار؛ چۈنكى ئۆزۈم خۇدايىڭلار پەرۋەردى
گاردۇرمەن. [2] مېنىڭ شابات كۈنلىرىمنى تۇتۇپ، مۇقەددەس جايىمغا
ئىخلاسمەن بولۇڭلار. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[3] ئەگەر سىلەر مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمدە مېڭىپ، ئەمرلىرىمنى تۇتۇپ
ئۇلارغا ئەمەل قىلساڭلار، [4] مەن يېرىڭلارنىڭ ئۆز ھوسۇلىنى بېرىپ
تۇرۇشىغا، دالادىكى دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى چىقىرىشىغا ۋاقتىدا
يامغۇرلىرىڭلارنى ياغدۇرۇپ تۇرىمەن. [5] شۇنىڭ بىلەن خامان تېپىش
ۋاقتى ئۈزۈم يىغىش پەسلىگىچە بولىدۇ، ئۈزۈم يىغىش ۋاقتى تېرىلغۇ
ۋاقتىغىچە بولىدۇ؛ سىلەر نېنىڭلارنى تويۇنغۇچە يەپ، ئۆز زېمىنىڭلاردا
تىنچ-ئامان تۇرىسىلەر. [6] مەن زېمىنغا ئارام-تىنچلىق ئاتا قىلىمەن،
شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم سىلەرنى قورقۇتالمايدۇ، ئارامخۇدا يېتىپ
ئۇخلايسىلەر؛ ۋەھشىي ھايۋانلارنى زېمىندىن يوقىتىمەن، قىلىچمۇ
زېمىنىڭلاردىن ئۆتمەيدۇ؛ [7] سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارنى قوغلايسىلەر،

---

**1:26** مىس. 4:20؛ قان. 8:5؛ 22:16؛ زەب. 7:97

**2:26** لاۋ. 30:19

**3:26** قان. 28

**5:26** لاۋ. 19:25

**6:26** ئايۇپ 19،18:11

ئۇلار ئالدىڭلاردا قىلىچلىنىپ يىقىلىدۇ. [8] سىلەردىن بەش كىشى يۈز
كىشىنى قوغلايدۇ، يۈز كىشى ئون مىڭنى قاچۇرىدۇ؛ دۈشمەنلىرىڭلار
بولسا ئالدىڭلاردا قىلىچلىنىپ يىقىلىدۇ. [9] مەن سىلەرگە يۈزۈمنى
قارىتىپ، سىلەرنى پەرزەنت كۆرگۈزۈپ كۆپەيتىمەن، سىلەر بىلەن
باغلىغان ئەھدەمنى مەزمۇت تۇرغۇزىمەن. [10] سىلەر تېخىچە ئۈزۈن
ساقلانغان كونا ئاشلىقنى يەۋاتقىنىڭلاردا، يېڭى ئاشلىق چىقىدۇ؛
يېڭىسى ۋەجىدىن كونىسىنى چىقىرىۋېتىسىلەر. [11] مەن ئۆز
ماكانىمنى ئاراڭلاردا تۇرغۇزىمەن ۋە قەلبىم سىلەردىن نەپرەتلەنمەيد
ۇ. [12] مەن ئاراڭلاردا مېڭىپ سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن ۋە سىلەر
مېنىڭ خەلقىم بولىسىلەر.
[13] مەن سىلەرنى مىسىردا ئۇلارنىڭ قۇللىرى بولۇشتىن ھۆر قىلىشقا
شۇ زېمىنىدىن چىقارغان خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن؛ مەن
بويۇنتۇرۇقۇڭلارنىڭ ئاسارەتلىرىنى سۇندۇرۇپ، قەددىڭلارنى تىك
قىلىپ ماڭغۇزدۇم.
[14] ھالبۇكى، ئەگەر سىلەر ماڭا قۇلاق سالماي، بۇ ئەمرلەرنىڭ
ھەممىسىگە ئەمەل قىلماي، [15] بەلگىلىمىلىرىمنى تاشلاپ،
قەلبىڭلاردىن ھۆكۈملىرىمنى يامان كۆرۈپ، بارلىق ئەمرلىرىمنى
تۇتماي، ئەھدەمنى بۇزساڭلار، [16] مەنمۇ بېشىڭلارغا شۇ ئىشلارنى
چۈشۈرىمەنكى، ــ مەن سىلەرگە ۋەھىمە سېلىپ، كۆزۈڭلارنى كور
قىلىدىغان، جېنىڭلارنى زەئىپلەشتۈرىدىغان سىل-ۋابا كېسەللىرى،
كېزىك كېسەللىرىنى بېشىڭلارغا چۈشۈرىمەن. سىلەر ئۇرۇقۇڭلارنى
بىكار چېچىپ-تېرىيسىلەر، چۈنكى دۈشمەنلىرىڭلار ئۇنى يەپ
كېتىدۇ.
[17] مەن يۈزۈمنى سىلەرگە قارشى قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن سىلەر
دۈشمەنلىرىڭلاردىن ئۇرۇلۇپ قاچىدىغان بولىسىلەر؛ سىلەرنى ئۆچ

**8:26** يە. 10:23

**11:26** ئەز. 26:37؛ 2كور. 16:6

**14:26** قان. 15:28؛ يىغ. 17:2؛ مال. 2:2

كۆرگۈچىلەر ئۇستۇڭلاردىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ؛ ھېچكىم سىلەرنى قوغلىمىسىمۇ، قاچىسىلەر.
[18] بۇلاردىن ھېچ ئىبرەت ئالماي، بەلكى ماڭا يەنە قۇلاق سالمىساڭلار، مەن گۇناھلىرىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرگە بولغان جازانى يەتتە ھەسسە ئېغىرلىتىمەن، [19] كۈچ-ھەيۋەڭلاردىن بولغان ھاكاۋۇرلۇقىڭلارنى سۇندۇرىمەن؛ ئاسمىنىڭلارنى تۆمۈردەك قىلىپ، يېرىڭلارنى مىستەك قىلىۋېتىمەن؛ [20] ئەجىر-جاپايىڭلار بىكارغا كېتىدۇ، يېرىڭلار ھوسۇل بەرمەيدۇ، دالادىكى دەرەخلەرگە مېۋە چۈشمەيدۇ.
[21] ئەگەر يەنىلا مەن بىلەن قارشى ماڭساڭلار، شۇنداقلا ماڭا قۇلاق سالمىساڭلار، مەن گۇناھلىرىڭلارغا لايىق بېشىڭلارغا چۈشىدىغان ۋابا-كۈلپەتلەرنى يەنە يەتتە ھەسسە ئېغىرلىتىمەن. [22] ئاراڭلارغا سىلەرنى باللىرىڭلاردىن جۇدا قىلىدىغان، چارپايلىرىڭلارنى يوقىتىدىغان، سىلەرنى ئازلىتىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئەۋەتىمەن؛ يول-كوچىلىرىڭلار ئادەمزاتسىز چۆلدەك بولۇپ قالىدۇ. [23] سىلەر بۇ ئىشلار ئارقىلىق ئىبرەت-تەربىيە ئالماي، بەلكى يەنىلا ماڭا قارشى ماڭساڭلار، [24] مەنمۇ سىلەرگە قارشى مېڭىپ، گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن بولغان جازانى يەنە يەتتە ھەسسە ئېغىرلىتىپ، مەن ئۆزۈم سىلەرنى ئۇرىمەن؛ [25] ئۈستۈڭلارغا ئەھدەمنى بۇزغانلىقنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىغان قىلىچ چۈشۈرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر شەھەرلەرگە يىغىلىۋالىسىلەر، مەن ئاراڭلارغا ۋابا چۈشۈرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشىسىلەر. [26] سىلەرگە يۆلەنچۈك بولغان ئاشلىقنى قۇرۇتۇۋېتىمەن؛ ئون ئايال بىر بولۇپ بىر تونۇردا نان يېقىپ، نانلارنى سىلەرگە تارازىدا تارتىپ بېرىدۇ، ئەمما بۇنى

---

**17:26** پەند. 1:28

**19:26** **«... ئاسمىنىڭلارنى تۆمۈردەك قىلىپ، يېرىڭلارنى مىستەك قىلىۋېتىمەن»** — دېمەك، ئاسماندىن ھۆل-يېغىن چۈشمەيدۇ ھەمدە بەلكىم ئۆلارنىڭ دۇئالىرى ئاسماندىن يۇقىرىغا ئۆتمەيدۇ، يەر سۇسىز بولۇپ ئىنتايىن قاتتىقلىشىپ بولىدۇ.

**24:26** 2سام. 22:27؛ زەب. 18:26-27

يېگىنىڭلار بىلەن تويمايسىلەر.
[27] ئەگەر بۇلاردىن ھېچ ئىبرەت ئالماي، ماڭا قۇلاق سالمىساڭلار،
بەلكى ماڭا قارشى ماڭساڭلار، [28] مەنمۇ قەھر بىلەن سىلەرگە قارشى
ماڭىمەن؛ مەن، يەنى مەن ئۆزۈم گۇناھلىرىڭلار تۈپەيلىدىن جازا-
تەربىيىنى يەنە يەتتە ھەسسە ئېغىرلىتىپ چۈشۈرىمەن. [29] شۇنىڭ
بىلەن سىلەر ئوغۇللىرىڭلارنىڭ گۆشى ۋە قىزلىرىڭلارنىڭ گۆشىنى يە
يسىلەر؛ [30] شۇنداقلا مەن قۇربانلىق «يۇقىرى جاي»لىرىڭلانى ۋەيران
قىلىپ، «كۈن تۈۋرۈك»لىرىڭلارنى سۇندۇرۇپ، ئۆلۈكلىرىڭلارنى
سۇنۇق بۇتلىرىڭلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋېتىمەن؛ مېنىڭ قەلبىم
سىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ. [31] مەن شەھەرلىرىڭلارنى ۋەيران قىلىپ،
مۇقەددەس جايلىرىڭلارنى خاراب قىلىپ، قۇربانلىقىڭلارنىڭ
خۇشبۇيلىرىنى يەنە پۇرىمايمەن؛ [32] زېمىننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىمەن؛
ئۇنىڭدا ئولتۇراقلاشقان دۈشمەنلىرىڭلار بۇ ئەھۋالغا ھەيرانۇھەس
قالىدۇ. [33] سىلەرنى ئەللەرنىڭ ئارىسىغا تارىتىپ، كەينىڭلاردىن
قىلىچنى سۇغۇرۇپ قوغلايمەن؛ شۇنىڭ بىلەن زېمىنىڭلار ۋەيران
بولۇپ شەھەرلىرىڭلار خاراب قىلىنىدۇ. [34] ئۇ ۋاقىتتا، سىلەر
دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ زېمىنىدا تۇرۇۋاتقىنىڭلاردا، زېمىن ۋەيرانە
بولغان بارلىق كۈنلەردە، زېمىن ئۆز شابات كۈنلىرىدىن سۆيۈنىدۇ؛

**26:26 «سىلەرگە يۆلەنچۈك بولغان ئاشلىقنى قۇرۇتۇۋېتىمەن؛ ...»** — سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا «مەن سىلەرنىڭ «نان ھاسا»ڭلارنى سۇندۇرۇۋەتكىنىمدە، ...». «يۆلەنچۈك» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا ئادەتتە «تاياق» ياكى «ھاسا»نى بىلدۈرىدۇ. مۇمكىنچىلىكى باركى، قەدىمكى زامانلاردا يەھۇدىي خەلقى ئۆز نانلىرىنى بىر تاياقتا (زىخقا ئۆتكۈزگەندەك) كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ئومۇمەن، مەنىسى بىزنىڭ تەرجىمە قىلغىنىمىزدەك بولسا كېرەك.

**29:26** قان. 53:28؛ 2پاد. 28:6؛ يىغ. 10:4

**30:26 «يۇقىرى جايلار»** — ئىسرائىل ۋە يەھۇدا ئۆزۈندىن بېرى تاغ چوققىلىرى قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ھەتتا ئاشۇ جايلاردا «ئىنسان قۇربانلىق»لارنى قىلىپ كەلگەن («ئەز.» 21:16، 28:20 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ). **««كۈن تۈۋرۈك»لىرىڭلارنى»** — «كۈن تۈۋرۈك»لەر بەلكىم كۈنگە چوقۇنۇشقا مۇناسىۋەتلىك بۇت-ھەيكەللەر بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «ئىسرىقدانلىرىڭلارنى».

**30:26** 2تار. 7:34

ئۇ زاماندا زېمىن دەرۋەقە ئارام ئېلىپ ئۆز شاباتلىرىدىن سۆيۈنىدۇ.
[35] ئۆزى ۋەيرانە بولۇپ تۇرغان بارلىق كۈنلىرىدە ئۇ ئارام ئالىدۇ، يەنى
سىلەر ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتىكى شابات كۈنلىرىڭلاردا ھېچ
ئالمىغان ئارامنى ئەمدى ئالىدۇ.
[36] ئاراڭلاردىن قۇتۇلۇپ قالغانلار بولسا، ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ
زېمىنلىرىدا تۇرغىنىدا كۆڭۈللىرىگە يۈرەكزادىلىك سالىمەن،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۈشكەن بىر يوپۇرماقنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىسا
قىلىچتىن قاچقاندەك قاچىدۇ؛ ھېچكىم قوغلىمىسىمۇ يىقىلىپ
چۈشىدۇ. [37] گەرچە ھېچكىم ئۇلارنى قوغلىمىسىمۇ، دەرۋەقە قىلىچتىن
يىقىتىلغاندەك ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە پۈتلىشىپ يىقىلىدۇ؛
سىلەردە دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى تۇرغۇدەك كۈچ قالمايدۇ.
[38] ئەللەرنىڭ ئارىسىدا ھالاك بولىسىلەر، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ زېمىنى
سىلەرنى يەپ كېتىدۇ. [39] ئاراڭلاردىن قۇتۇلۇپ قالغانلىرى بولسا ئۆز
رەزىللىكى تۈپەيلىدىن دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ زېمىنىدا زەئىپلىشىدۇ؛
ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ رەزىللىكىدىمۇ يۈرۈپ، شۇلار زەئىپلەشكەندەك
ئۇلارمۇ زەئىپلىشىدۇ.

## گۇناھلارنى ئىقرار قىلىپ نىجات تېپىش

[40] ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزى قىلغان رەزىللىكى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
سادىر قىلغان رەزىللىكىنى، ماڭا يۈز ئۆرۈپ ئاسىيلىق قىلغىنىنى،
شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماڭا قارشى تۇرۇپ ماڭغىنىنى بويىنىغا ئالىدۇ،
[41] شۇنىڭدەك مېنىڭ ئۇلارغا قارشى ماڭغىنىمغا، شۇنىڭدەك
ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرغىنىمغا ئىقرار بولىدۇ. شۇڭا
ئەگەر ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ خەتنىسىز كۆڭلى تۆۋەن قىلىنىپ، ئۆز

**34:26** لاۋ. 2:25

39:26 **«ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ رەزىللىكىدىمۇ يۈرۈپ، شۇلار زەئىپلەشكەندەك ئۇلارمۇ زەئىپلىشىدۇ»** — ياكى «ئۆزلىرىدىكى، شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ رەزىللىكىدە يۈرۈپ زەئىپلىشىدۇ».

قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلسا، [42] ئۇنداقتا مەن ياقۇپ بىلەن
باغلىغان ئەھدەمنى ياد قىلىپ، ئىسھاق بىلەن باغلىغان ئەھدەمنىمۇ
ۋە ئىبراھىم بىلەن باغلىغان ئەھدەمنىمۇ ئېسىمگە كەلتۈرىمەن،
زېمىنىنىمۇ ياد قىلىمەن. [43] چۈنكى زېمىن ئۇلاردىن تاشلىنىپ، ئۇلارسىز
بولۇپ خارابە تۇرغان ۋاقىتتا، شابات كۈنلىرىدىن سۆيۈنىدۇ؛ ئۇلار
بولسا ئۆز قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ سەۋەبى دەل
شۇكى، ئۇلار مېنىڭ ھۆكۈملىرىمنى تاشلىدى، بەلگىلىمىلىرىمنى
قەلبىدىن يامان كۆرگەنىدى.
[44] ھالبۇكى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ زېمىنىدا
تۇرغىنىدا مەن ئۇلارنى تاشلىمايمەن ياكى ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلمايمەن،
شۇنىڭدەك ئۇلار بىلەن باغلىغان ئەھدەمنى بۇزمايمەن، ئۇلارنى
يوقاتمايمەن؛ چۈنكى مەن ئۆزۈم ئۇلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[45] مەن بەلكى ئۇلارنى دەپ، ئۇلارنىڭ خۇداسى بولۇشقا ئەللەرنىڭ كۆزى
ئالدىدا مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن
باغلاشقان ئەھدەمنى ئېسىمدە تۇتىمەن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.

## خۇلاسە

[46] پەرۋەردىگار مۇسانى ۋاستە قىلىپ، سىناي تېغىدا ئۆزى بىلەن
ئىسرائىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېكىتكەن ھۆكۈملەر، بەلگىلىمىلەر ۋە
قانۇنلار مانا شۇلار ئىدى.

## قوشۇمچە قىسىم ـ قەسەم بىلەن خۇداغا ئاتالغان كىشىلەر توغرۇلۇق

27
[1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ـ
[2] سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: ـ ئەگەر بىرسى
پەۋقۇلئاددە بىر قەسەم قىلىپ مەلۇم كىشىنىڭ جېنىنى

**44:26** قان. 4:31؛ رىم. 11:1،26

پەرۋەردىگارغا ئاتىغان بولسا، ئۇنداقتا شۇ كىشىگە سەن
بېكىتكەن جېنىنىڭ قىممىتىنىڭ نەرخى تۆۋەندىكىدەك بولى
دۇ؛ 3 يېشى يىگىرمە بىلەن ئاتمىشىنىڭ ئارىلىقىدا بولغان ئەر
كىشى بولسا، سەن توختىتىدىغان قىممىتى مۇقەددەس جايدىكى
شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە بولسۇن؛ ئۇنىڭ قىممىتى
ئەللىك شەكەل كۈمۈشكە توختىتىلسۇن. 4 ئايال كىشى بولسا،
ئاراڭلاردا توختىتىلغان قىممىتى ئوتتۇز شەكەل بولسۇن. 5 ئەگەر
يېشى بەش بىلەن يىگىرمىنىڭ ئارىلىقىدا بولسا، ئەركەك ئۈچۈن
توختىتىلىدىغان قىممىتى يىگىرمە شەكەل بولۇپ، ئايال كىشى
ئۈچۈن ئون شەكەل بولسۇن. 6 ئەگەر يېشى بىر ئاي بىلەن بەش
ياشنىڭ ئارىلىقىدا بولسا، توختىتىلىدىغان قىممىتى ئوغۇل بالا
ئۈچۈن بەش شەكەل، قىز بالا ئۈچۈن ئۈچ شەكەل كۈمۈش بولسۇن.
7 ئەگەر ئاتمىش يا ئۇنىڭدىن چوڭراق ياشتىكى كىشى بولسا،
توختىتىلىدىغان قىممىتى ئەر كىشى ئۈچۈن ئون بەش شەكەل،
خوتۇن كىشى ئۈچۈن ئون شەكەل بولسۇن.
8 ئەگەر بىرسى توختىتىلغان قىممىتىنى تۆلەشكە قۇربى يەتمىسە، ئۇ
ئۆزىنى كاھىنىنىڭ ئالدىدا تەق قىلسۇن؛ كاھىن ئۇنىڭ قىممىتىنى
بېكىتسۇن. كاھىن قەسەم قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنىڭ
قىممىتىنى توختىتىپ بەرسۇن.

---

2:27 **«سەن بېكىتكەن جېنىنىڭ قىممىتىنىڭ نەرخى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ»** — شۈبھىسىزكى، مۇشۇ يەردە «سەن» باش كاھىن ياكى بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان كاھىنني كۆرسىتىدۇ.

3:27 **«مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى»** — شۈبھىسىزكى، پۈتكۈل ئەل ئۈچۈن ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بولسۇن دەپ مۇقەددەس جايدا ساقلاقلىق، مۇقىم بېكىتىلگەن بىرنەچچە خىل ئۆلچەملەردىن بىرى بولۇشى كېرەك. «شەكەل» كۈمۈشنىڭ (ياكى ئالتۇننىڭ) ئۆلچىمى بولۇپ، ئادەتتە 11.4 گرام ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. **«... ئۇنىڭ قىممىتى ئەللىك شەكەل كۈمۈشكە توختىتىلسۇن»** — ئىبرانيي تىلدا «سەن... ئۇنىڭ قىممىتىنى توختىتىپ بەرگىن» دېيىلىدۇ. بىز ئۇنى «...ئۇنىڭ قىممىتى ... توختىتىلسۇن» دەپ مەجھۇل شەكىلدە ئالدۇق. كېيىنكى ئايەتلەردىمۇ بىز شۇ ئىبارىنى «مەجھۇل شەكىل»دە ئىپادىلىدۇق.

## قوشۇمچە قىسىم ـ قەسەم ئۈچۈن خۇداغا ئاتالغان ھايۋانلار توغرۇلۇق

[9] ئەگەر بىرسى قەسەم قىلىپ پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق بولۇشقا لايىق بولىدىغان بىر ھايۋاننى ئۇنىڭغا ئاتىغان بولسا، ئۇنداقتا شۇنداق ھايۋانلار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مۇتلەق مۇقەددەس سانالسۇن؛ [10] ھايۋان ناچار بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشىنى ياكى ياخشىنىڭ ئورنىغا ناچارىنى تېگىشىشكە ياكى ئورنىغا باشقىسىنى ئالماشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مۇبادا ئاتىغۇچى ئۇ ھايۋاننىڭ ئورنىغا يەنە بىر ھايۋاننى يەڭگۈشلىمەكچى بولسا، ئاۋۋالقىسى بىلەن ئورنىغا ئەكەلگىنىنىڭ ھەر ئىككىسى مۇقەددەس سانالسۇن. [11] ئەگەر ھايۋان پەرۋەردىگارغا ئاتالغان قۇربانلىققا لايىق بولمايدىغان بىر «ناپاك» ھايۋان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ھايۋاننى كاھىنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلسۇن؛ [12] ئاندىن كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا قاراپ قىممىتىنى توختاتسۇن؛ كاھىن قىممىتىنى قانچە توختاتقان بولسا شۇنداق بولسۇن.

[13] ئەگەر ئىگىسى پۇل تۆلەپ ھايۋاننى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، توختىتىلغان قىممىتىگە يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بەرسۇن.

## قەسەم ئۈچۈن خۇداغا ئاتالغان ئۆيلەر توغرۇلۇق

[14] ئەگەر بىرسى پەرۋەردىگارغا مۇقەددەس بولسۇن دەپ ئۆيىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلسا، كاھىن ئۇنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا قاراپ قىممىتىنى توختاتسۇن؛ كاھىن ئۇنىڭ قىممىتىنى قانچە توختاتقان بولسا، شۇ قىممىتى ئىناۋەتلىك بولىدۇ. [15] كېيىن ئەگەر ئۆيىنى ئاتىغۇچى

9:27 **«پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مۇتلەق مۇقەددەس سانالسۇن»** ــ دېمەك، قۇربانلىقلارغا لايىق بولغان ھايۋانلار قەسەم بىلەن خۇداغا ئاتالغان بولسا، كېيىن ئۇلارنى پۇل تۆلەپ قايتۇۋېلىشقا ھېچ بولمايدۇ. ئۇ ياكى قۇربانلىق بولىدۇ ياكى خۇداغا ۋاكالىتەن تۇرغان كاھىن-لاۋىيلارغا تېگىدۇ.

كىشى ئۇنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، ئۇ توختىتىلغان قىممىتىگە ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بەرسۇن؛ ئاندىن ئۆي يەنە ئۇنىڭ بولىدۇ.

## قەسەم ئۈچۈن خۇداغا ئاتالغان يەر-ئېتىزلار توغرۇلۇق

16 ئەگەر بىرسى ئۆز مال-مۈلكى بولغان ئېتىزلىقنىڭ بىر قىسمىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلسا، قىممىتى ئۇنىڭغا قانچىلىك ئۇرۇق تېرىلىدىغانلىقىغا قاراپ توختىتىلسۇن؛ بىر خومىر ئارپا ئۇرۇقى كېتىدىغان يەر بولسا، قىممىتى ئەللىك شەكەل كۈمۈشكە توختىتىلسۇن. 17 ئەگەر بىرسى «ئازادلىق يىلى»دىن تارتىپ ئۆز ئېتىزلىقىنى مۇقەددەس قىلسا، سەن قانچە توختاتساڭ شۇ بولسۇن. 18 لېكىن ئەگەر بىرسى «ئازادلىق يىلى»دىن كېيىن ئۆز ئېتىزلىقىنى مۇقەددەس قىلغان بولسا، كاھىن كېلىدىغان ئازادلىق يىلىغىچە قانچىلىك يىللار قالغانلىقىنى ھېسابلاپ قىممىتىنى توختاتسۇن. ئۆتۈپ كەتكەن يىللارغا قاراپ تولۇق باھادىن مۇۋاپىق پۇل كېمەيتىلسۇن.
19 ئەگەر بىرسى ئۆز ئېتىزلىقىنى مۇقەددەس قىلغاندىن كېيىن پۇل تۆلەپ ئۇنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، ئۇ سەن توختاتقان قىممىتىگە يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بەرسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن ئېتىزلىق ئۇنىڭ ئۆز قولىغا قايتىدۇ.

---

16:27 **«ئېتىزلىقنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلىش»** — بۇ ئىش بەلكىم ئېتىزلىقنى خۇدانىڭ ۋەكىللىرى، يەنى كاھىن-لاۋىيلارغا تاپشۇرۇش ئىدى؛ شۇنداق بولسا، ئۇلار شۇ ئېتىزلىقنىڭ پايدىسىنى يىلمۇ-يىل ئالالايتتى؛ ياكى بولمىسا ئاتىغۇچى كىشى ئۆزى كاھىن تەرىپىدىن توختىتىلغان پۇلنى بىۋاستە كاھىن-لاۋىيلارغا تاپشۇراتتى. **«خومىر»** — «خومىر»نىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئېشەك كۆتۈرەلىگۈدەك يۈك» بولۇپ، تەخمىنەن 220-300 لىتر

17:27 **«... سەن قانچە توختاتساڭ شۇ بولسۇن»** — بۇ ئايەتتىكى «سەن» شۈبھىسىزكى، ئەينى ۋاقىتتىكى كاھىننى كۆرسىتىدۇ. «ئازادلىق يىلىدىن تارتىپ» ھېسابلىغان باھا بولسا چوقۇم يۇقىرىقى 16-ئايەت بويىچە قانچە خومىر ئۇرۇق چېچىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەللىك ھەسسىسى (توغرىراق، 49 ھەسسىسى) بولغان شەكەل بولىدۇ، دېگەن كۆرسەتمە بىلەن ھېسابلىنىدۇ. 18-19-ئايەتتە باشقا ئەھۋاللار كۆرسىتىلىدۇ.

20 ئەگەر ئۇ پۇل بېرىپ ئېتىزلىقنى قايتۇرۇۋالمىغان بولسا ياكى باشقا
بىرسىگە سېتىپ بەرگەن بولسا، كېيىن شۇ ئېتىزلىقنى قايتۇرۇۋېلىشقا
بولمايدۇ، 21 بەلكى ئازادلىق يىلى كەلگەندە ئېتىزلىق «ئىگىسىگە
قايتۇرۇلىدىغاندا» ئۇ مۇتلەق بېغىشلانغان يەرگە ئوخشاش، پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ مۇقەددەس قىلىنىپ، مىراس ھوقۇقى كاھىنغا ئۆتىدۇ.
22 ئەگەر بىرسى سېتىۋالغان ئەمما ئۆز مىراسى بولمىغان بىر پارچە
يەر-ئېتىزنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلغان بولسا، 23 كاھىن
ئازادلىق يىلىغىچە قالغان يىلنى ھېسابلاپ، قىممىتىنى توختاتسۇن.
ئاندىن ئۇ كۈنى شۇ كىشى توختىتىلغان قىممىتىنى پەرۋەردىگارغا
مۇقەددەس قىلغان نەرسە سۈپىتىدە كەلتۈرسۇن. 24 لېكىن ئازادلىق
يىلى كەلگەندە، ئېتىزلىق كىمدىن ئېلىنغان بولسا، شۇ كىشىگە،
يەنى ئەسلىدىكى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلسۇن.
25 سەن توختىتىدىغان بارلىق قىممەتلەر بولسا ھەمىشە مۇقەددەس
جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ھېسابلانسۇن؛ بىر
شەكەل يىگىرمە گەراھقا باراۋەر بولىدۇ.

## تۇنجى تۇغۇلغىنىنى خۇداغا بەدەل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىش

26 لېكىن چارپاينىڭ تۇنجى بالىسى تۇنجى بالا بولغانلىقى سەۋەبىدىن
ئەسلىدىنلا پەرۋەردىگارغا ئاتىلىدىغان بولغاچقا، كالا بولسۇن، قوي-
ئۆچكە بولسۇن ھېچكىم ئۇنى «خۇداغا ئاتاپ» مۇقەددەس قىلمىسۇن؛

---

20:27 **«... ياكى باشقا بىرسىگە سېتىپ بەرگەن بولسا،...»** — «ياكى» دېگەننىڭ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «بىراق». **«باشقا بىرسىگە سېتىپ بېرىش»** — بەلكىم ئىشلىتىش ھوقۇقىنى باشقا بىرسىگە سېتىش. بەزى شەرھچىلەر مۇشۇ يەرنى «باشقا بىرسىگە ساتقۇچى»نى ئېتىزلىققا مەسئۇل كاھىننى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.
21:27 **«مۇتلەق بېغىشلانغان يەرگە ئوخشاش»** — «مۇتلەق بېغىشلانغان» ئىبرانيي تىلدا «ھەرەم» ياكى «خەرەم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆز ئادەتتە خۇداغا مۇتلەق ئاتالغان نەرسىنىڭ ھېچقانداق ئادەمگە تەۋە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. گاھى ئەھۋالدا «ھەرەم» دەپ بېكىتىلگەن (خۇداغا مۇتلەق ئاتالغان) نەرسىلەر پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنىشى كېرەك.
**25:27** مىس. 13:30؛ چۆل. 47:3؛ ئەز. 12:45

چۈنكى ئۇ ئەسلىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئىدى. [27] ئەگەر ئۇ ناپاك بىر ھايۋاندىن تۇغۇلغان بولسا، ئىگىسى سەن توختاتقان قىممەتكە يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۆزىگە قايتۇرۇۋالسۇن؛ لېكىن ئەگەر ئىگىسى ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋالمايمەن دېسە، بۇ ھايۋان سەن توختاتقان قىممەتكە سېتىلسۇن.

## پەرۋەردىگارغا مۇتلەق ئاتالغان نەرسىلەر توغرۇلۇق

[28] ئەگەر بىرسى پەرۋەردىگارغا ئۆز مېلىدىن، ئادەم بولسۇن، ھايۋان بولسۇن ياكى مىراس يېرى بولسۇن، پەرۋەردىگارغا مۇتلەق ئاتىغان بولسا، ئۇنداق نەرسە ھەرگىز سېتىلمىسۇن ياكى بەدەل تۆلەش بىلەنمۇ قايتۇرۇلمىسۇن. پەرۋەردىگارغا مۇتلەق ئاتالغان ھەرنەرسە بولسا «ئەڭ مۇقەددەسلەرنىڭ بىرى» ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا خاس بولىدۇ. [29] ئەگەر بىر ئادەم خۇداغا مۇتلەق خاس ئاتالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل بېرىلىپ، قايتۇرۇۋېلىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ ئۇ چوقۇم ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك.

---

**26:27** مىس. 2:13؛ 29:22؛ 19:34؛ چۆل. 13:3؛ 17:8

27:27 **«...ئىگىسى سەن توختاتقان قىممەتكە يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بېرىپ،...»** — بۇ ئايەتتىكى «سەن» شۈبھىسىزكى، ئەينى ۋاقىتتىكى كاھىننى كۆرسىتىدۇ. **«... بۇ ھايۋان سەن توختاتقان قىممەتكە سېتىلسۇن»** — «مىس.» 34:19-20ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ. بىرىنچى بەلگىلىمە چۆل-باياۋاندا بولغان ۋاقىتتا ئىناۋەتلىك ئىدى، بۇ ئىككىنچى بەلگىلىمە بولسا زېمىنغا كىرگەندىن كېيىن ئىناۋەتلىك بولاتتى.

**28:27** يە. 18:6؛ 7:13-26.

29:27 **«ئۇ ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك»** — خۇدا ئۆزى بىر نەرسىنى «بۇ ماڭا «ھەرەم» (ياكى «خەرەم») (مۇتلەق ئاتالغان) بولسۇن» دېگەن بولسا، ئادەتتە شۇ نەرسە يىرگىنچلىك بولۇپ، ھالاكەتكە لايىق ئىدى. «ھەرەم» دېگەن سۆز «يوقىتىش كېرەك بولغان» دېگەن مەنىدە. بىرنەچچە مىساللار تۆۋەندىكى ئايەتلەردە تېپىلىدۇ: — «مىس.» 20:22، «چۆل.» 14:18، 2:21-3، «قان.» 15:13، «يە.» 17:6-18، 21. بەزىدە «ھەرەم» خۇداغا ئاتالغان ئېسىل، ياخشى نەرسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## «ئوندىن بىر» ئۆشرە بولغان
## نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋېلىش توغرۇلۇق

[30] يەر-زېمىندىن چىققان ھەممە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرى بولغان ئۆشرە بولسا، يەرنىڭ دانلىق زىرائەتلىرى بولسۇن ياكى دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى بولسۇن، پەرۋەردىگارنىڭكى بولىدۇ؛ ئۇ پەرۋەردىگارغا مۇقەددەس قىلىنغاندۇر. [31] بىرسى ئۆز ئۆشرىلىرىدىن مەلۇم بىرنەرسىنى بەدەل بېرىپ قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، ئۇ شۇنىڭغا يەنە ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بېرىپ، قايتۇرۇۋالسۇن.
[32] كالا ياكى قوي-ئۆچكە پادىسىدىن ئېلىنىدىغان ئۆشرە بولسا پادىچىنىڭ تايىقى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ھايۋانلاردىن ھەر ئونىنچىسى بولسۇن؛ پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ مۇقەددەس قىلىنغىنى شۇ بولسۇن. [33] ھېچكىم ئۇنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا قارىمىسۇن ۋە ياكى ئۇنى ئالماشتۇرمىسۇن؛ ئەگەر ئۇنى ئالماشتۇرىمەن دېسە، ئاۋۋالقىسى بىلەن ئورنىغا ئالماشتۇرۇلغان ھەر ئىككىسى مۇقەددەس سانالسۇن؛ ئۇ ھەرگىز بەدەل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىنمىسۇن.

[34] پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا مۇساغا تاپىلىغان، ئىسرائىللارغا تاپشۇرۇش كېرەك بولغان ئەمرلەر مانا شۇلار ئىدى.

---

30:27 **«... ھەممە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرى بولغان ئۆشرە»** — «ئەشرە» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە خۇداغا ئاتالغان، مەھسۇلاتلاردىن ئوندىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**«دانلىق زىرائەتلىرى»** — ئىبرانىي تىلىدا «دانلىرى».

# قوشۇمچە سۆز

## «ئەبەدىي» ۋە «مەڭگۈ» توغرۇلۇق

«ئەبەدىي» ۋە «مەڭگۈ» ئىبرانىي تىلدا «ئەل-ئولام» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تەۋراتتا «ئەل-ئولام» دېگەن سۆز كۆپ قىسىم يەرلەردە «ئەبەدىي» ياكى «مەڭگۈ» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى: — «ئىنسانلارغا ھازىر نامەلۇم بولغان، بىلگىلى بولمايدىغان كەلگۈسىدىكى بىر مەنزىلگىچە» دېگەندەك بولىدۇ. ئۇنداق ۋاقىت ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، ئەگەر بۇنداق «مەنزىل»نىڭ چېكىنى بېكىتىشكە قەتئىي مۇمكىن بولمىسا ياكى ئالدى-كەينىدىكى سۆزلەردىن ھېچقانداق باشقا مەنە چىقمىسا، ئۇنداقتا «مەڭگۈ» ياكى «ئەبەدىي» «چېكى يوق» دېگەن مەنىدە چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ. بۇلارغا مىسال: —

(«يار.» 22:3) «پەرۋەردىگار خۇدا سۆز قىلىپ: مانا، ئادەم ياخشى بىلەن يامانىنى بىلىدىغان، بىزلەردىن بىرىدەك بولۇپ قالدى. ئەمدى قولىنى ئۇزىتىپ ھاياتلىق دەرىخىدىن ئېلىپ يەپ، ئەبەدگىچە ھايات قالمىسۇن ئۈچۈن ئۇنى توسۇشىمىز كېرەك، دېدى».

(«مىس.» 15:3) «خۇدا مۇساغا يەنە: — ئىسرائىللارغا: — «ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ خۇداسى، ئىبراھىمنىڭ خۇداسى، ئىسھاقنىڭ خۇداسى ۋە ياقۇپنىڭ خۇداسى بولغان «ياھۋەھ» مېنى قېشىڭلارغا ئەۋەتتى؛ ئۇ: ياھۋەھ دېگەن بۇ نام ئەبەدگىچە مېنىڭ نامىم بولىدۇ، دەۋردىن-دەۋرگىچە مەن شۇ نام بىلەن ئەسكە ئېلىنىمەن، دەيدۇ» — دېگىن».

ھالبۇكى، مۇقەددەس كىتابتا، «ئەل-ئوۋلام» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن ئايەتلەر توغرۇلۇق كېيىن خۇدا تەرىپىدىن بىر ۋەھىي چۈشۈپ، ئۇنىڭدا مەنزىل-چەك ئايان قىلىنغان بولسا، ئۇنداقتا «ئەل-ئوۋلام» دېگەن بۇ سۆزنى: «شۇ مەنزىلگىچىلا بولغان» دېگەن مەنىدە چۈشىنىش كېرەك. تۆۋەندە بۇنىڭغا مىسال: —

(«مىس.» 28:29) «شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن... ئىسرائىللار ئىناقلىق قۇربانلىقىنى بەرگەندە، ئۇ ئىككى خىل گۆش ھارۇن ۋە ئۇنىڭ

ئوغۇللىرىنىڭ نىسۋىسى بولىدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك («ئەل-ئۇۋلام») بىر بەلگىلىمە بولىدۇ»

(«چۆل.» 13:25) «ئۇ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەۋە بولىدىغان مەڭگۈلۈك («ئەل-ئۇۋلام») كاھىنلىق ئەھدىسى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆز خۇداسىنى دەپ ۋاپاسىزلىققا ھەسەت قىلىپ، ئىسرائىللار ئۈچۈن كافارەت كەلتۈردى» - دەپ جاكارلىغان»

(«قان.» 6:23) «سىلەر ھەممە كۈنلىرىڭلاردا ئۇلارنىڭ (قانائانلىقلارنىڭ) ئامان-ئېسەنلىكى بىلەن ئاۋاتلىقىنى ھەرگىز («ئەل-ئۇۋلام») ئىستىمەڭلار».

(«توپ.» 4:1) «بىر دەۋر ئۆتىدۇ، يەنە بىر دەۋر كېلىدۇ؛
بىراق يەر-زېمىن مەڭگۈگە («ئەل-ئۇۋلام») داۋام قىلىدۇ».

بۇ تۆت ئايەتتە بىرخىل «مەنزىل، نۇقتا» بار. ھارۇنغا تاپشۇرۇلغان كاھىنلىق توغرىسىدا ئېنجىلدىن بىزگە مەلۇمكى، شۇ كاھىنلىق ئەسلىدە مەسىھ دۇنياغا كېلىپ ئۆلۈپ تىرىلگۈچە بېكىتىلگەنىدى؛ مەسىھ ھەقىقەتەن «مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى تەرتىپىدە مەڭگۈ كاھىندۇر» («زەب.» 4:110، «ئىبر.» 7:11-28).

قانائانلىقلارغا بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە بېكىتىلگەن لەنەت («قان.» 6:23) ئېلىپ تاشلانغان، چۈنكى رەب ئەيسا مەسىھ بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان لەنەتنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان («گال.» 13:3، «مات.» 28:5).

يەر-زېمىن بولسا، ئۇ خۇدا بېكىتكەن ۋاقىتقىچە تۇرىدۇ («توپ.» 4:1). ئىنسانلار ئۇنى ۋەيران قىلالمايدۇ، لېكىن خۇدا مەلۇم بىر كۈنى شۇنداق قىلىدۇ؛ ئۇ ئۇنى يوقىتىپ ئورنىغا يېڭى ئاسمان يېڭى زېمىن يارىتىدۇ («2پېت.» 3:10-13).

## بەش خىل ھەدىيە-قۇربانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى (1-7-باب)

ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنىڭغا دىققەت قىلايلى: - «قۇربان» ياكى «قۇربانلىق» ئەسلىدە ئىبرانىي تىلىدىكى «قوربان» دىگەن سۆزدىن كەلگەن. «قوربان»نىڭ يىلتىزى «قاراۋ» بولۇپ، شۇ سۆزنىڭ مەنىسى «يېقىن كېلىش»تۇر. دىمەك،

«قۇربانلىق»نىڭ تۈپ مەنىسى ۋە تۈپ مەقستى «خۇداغا يېقىنلىشىش»، «خۇدا بىلەن ئالاقىدە بولۇش»تىن ئىبارەتتۇر.

ھەدىيە-قۇربانلىق بەش خىل بولىدۇ: —

(ئا) كۆيدۈرمە قۇربانلىق (1-باب)

(ئە) ئاشلىق ھەدىيە (2-باب)

(ب) ئىناقلىق قۇربانلىقى (3-باب)

(پ) گۇناھ قۇربانلىقى (1:4-13:5)

(ت) ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى (14:5-7:6)

1:1-7:6-ئايەتلەردە ھەدىيە-قۇربانلىق تۈزۈمى ھەدىيە-قۇربانلىق سۇنغۇچى كىشىلەرنىڭ نۇقتىسىدىن بايان قىلىنىدۇ.

8:6-38:7-ئايەتلەردە ھەدىيە-قۇربانلىق تۈزۈمى كاھىن نۇقتىسىدىن بايان قىلىنىدۇ.

روسۇل پاۋلۇسنىڭ «كولوسسىلىكلەرگە»دىكى 16:2-17 ۋە ئىنجىلدىكى باشقا يەرلەردە ئۇچرايدىغان تەلىمى بويىچە، مۇقەددەس قانۇننىڭ بارلىق رەسمىي تەپسىلاتلىرى بولسا، «مەسىھنىڭ جىسمىدىن چۈشكەن كۆلەڭگە»دۇر، ئۇلار كەلگۈسى زامان (قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ دۇنياغا كېلىدىغان زامان)دىكى رېئاللىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بىز بۇ بەش خىل ھەدىيە-قۇربانلىقنى «مەسىھنىڭ كۆلەڭگىسى»نىڭ مۇھىم بىر قىسمى، يەنى «مەسىھنىڭ قۇربانلىقىنىڭ كۆلەڭگىسى» دەپ قارايمىز. بۇ قاراش «زەب.» 6:40-8دە تەستىقلىنىدۇ ھەم شۇنداقلا شۇنىڭغا ئىسپات بېرىش ئۈچۈن، «ئىبر.» 5:10دىن بۇ ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرىمىز: —

«نە قۇربانلىق (ئىناقلىق قۇربانلىقى)، نە ئاش ھەدىيەلەر سېنىڭ تەلەپ-ئارزۇيۇڭ ئەمەس،

بىراق سەن ماڭا ئۈچۈق قۇلاقلارنى (ياكى «تەن») تەييارلاپ بەردىڭ؛

نە كۆيدۈرمە قۇربانلىق، نە گۇناھ قۇربانلىقىنى تەلەپ قىلمىدىڭ؛

شۇڭا جاۋاب بەردىمكى ــ
«مانا مەن كەلدىم!» ــ دېدىم.
يۆگىمە قانۇن دەستۇرۇڭدا مەن توغرۇلۇق پۈتۈلگەن: ــ
«خۇدايىم، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى بولسا، ئۆزۈمنىڭ خۇرسەنلىكىمدۇر؛

سېنىڭ تەۋرات-قانۇنۇڭ قەلبىمدە پۈتۈكلۈكتۇر»

بۇ بېشارەتتە مەسىھ ئۆزى داۋۇتنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشى توغرۇلۇق ئېيتىدۇ (داۋۇت مەسىھتىن 1000 يىل ئىلگىرى ياشىغان، ئەلۋەتتە). بېشارەتتە شۇ ئېنىقكى، بۇ تۆت خىل ھەدىيە-قۇربانلىق خۇدانىڭ تەلەپ-ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ؛ بىراق خۇدا مەسىھكە بېرىدىغان تېنى، شۇنداقلا شۇ تەندە ئۆتەيدىغان خىزمىتى بولسا خۇدانىڭ تەلەپ-ئارزۇسىنى تولۇق قانائەتلەندۈرىدۇ.

سەھىپە چەكلىمىسى بولغاچقا، مۇشۇ يەردە شۇ ئۇلۇغ ئىشلار توغرۇلۇق تەپسىلىي توختىيالمايمىز. بىز پەقەت ھەرخىل قۇربانلىقلاردىن بايقىغىنىمىزنى ئېيتىپ بېرىمىز؛ بۇ ئويلىرىمىز ئوقۇرمەنلەر ئۆچۈن ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىق تەكشۈرۈپ-ئىزدىنىشلىرىگە ئازراق ياردەمدە بولار دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

## (ئا) كۆيدۈرمە قۇربانلىق

بىرسى خۇداغا پەقەتلا ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ گۈزەللىكى ۋە جۇلا-شەرىپى ئۈچۈن ئىبادەت قىلماقچى بولسا، كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇناتتى. شۇ قۇربانلىق ھېچقانداق تەلەپ، مەلۇم بىر بەخت-بەرىكەت ئۈچۈن تەشەككۇر ئېيتىش ياكى مەلۇم گۇناھ تىلەشكە باغلانغان ئەمەس؛ كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسا پۈتۈنلەي پەقەت خۇداغىلا سۇنۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بولىدۇ.

مەسىھنىڭ ئۆلۈمى كۆيدۈرمە قۇربانلىقتا مۇناسىۋەتلىك بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىدۇر («زەب.» 8:40، «ئىبر.» 14:9)؛ ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ بېجىرىم قۇربانلىق سۈپىتىدە خۇداغا ئاتىغان بولغاچقا، خۇدانىڭ بارلىق ئارزۇ-تەشنالىرىنى تولۇق قانائەتلەندۈرگەن بولىدۇ.

## (ئە) ئاشلىق ھەدىيە

كېيىنكى مۇقەددەس ئايەتلەردىن كۆرىمىزكى، «ئاشلىق ھەدىيە» ھېچقاچان ئايرىم سۇنۇلمايدۇ؛ ئۇ دائىم كۆيدۈرمە قۇربانلىقتا قوشۇپ سۇنۇلاتتى («مەسىلەن، «چۆل.» 28-29-بابلارنى كۆرۈڭ). شۇنداقلا، ھەربىر ئاشلىق ھەدىيە بولسا زەيتۇن مېيى بىلەن ئېتىلەتتى، ياكى زەيتۇن مېيىغا چىلىناتتى ياكى زەيتۇن مېيى سۈرۈلەتتى (ئىبرانىي تىلىدا «مەسىھ قىلىنغان»). ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم مەستىكى قويۇلاتتى.

ئېشىنىمىزكى، «ئاشلىق ھەدىيە» (بولۇپمۇ خۇدانىڭ نۇقتىسىدىن) مەسىھنىڭ ھاياتىنى كۆرسىتىدۇ؛ «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاشلىق ھەدىيە دائىم كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن بىللە سۇنۇلىدۇ. چۈنكى مەسىھنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئەھمىيىتى دەل شۇكى، ئاشۇ ئۆلۈمگىچە ئۇ پۈتۈنلەي داغسىز، گۇناھسىز بىر ھاياتنى ئۆتكۈزگەن؛ بۇ ئىش خۇدا تەرىپىدىن تەستىقلانغان ۋە مۇقەددەس يازمىلاردا تولىمۇ ئىسپاتلانغاندۇر.

مۇقەددەس يازمىلاردا ماي (زەيتۇن مېيى) دائىم خۇدانىڭ ئۆز روھىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كەلگەن شاد-خۇراملىق ھەم ساغلاملىقنى بىلدۈرىدۇ («زەب.» 7:45، 15:104). مەسىھ روھتىن تۇغۇلغان («زەيتۇن مېيى بىلەن ئېتىلگەن»دەك ـ «لۇقا» 35:1)، روھ بىلەن مەسىھ قىلىنغان («لۇقا» 22:3، 18:4، «روس.» 38:10)، روھ بىلەن تولدۇرۇلغان («لۇقا» 1:4). ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى بارلىق كۈنلىرىدە ھەم ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىمۇ ھەقىقىي ئىنسان سۈپىتىدە خۇدانىڭ روھىغا پۈتۈنلەي تايانغان («ئىبر.» 14:9).

ئاشلىق ھەدىيە «ئېسىل ئۇن»دىن بولۇشى كېرەك ئىدى. «ئېسىل» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «پۈتۈنلەي ئېزىلگەن» «يۇمشاق تارتىلغان» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئىدى؛ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان يېرى يوق ئىدى. مانا بۇ مەسىھنىڭ ئىچكى خاراكتېرى ۋە مىجەزىدۇر. ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر خىل بولمىغان يېرى يوقتۇر ـ ھەممىسى ئوخشاش. ھاياتىدىكى ھەممە ئىش خۇداغا ھەم ئىنسانغا باغلانغان مۇكەممەل مۇقەددەس مۇھەببەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## (ب) ئىناقلىق قۇربانلىقى

ئىناقلىق قۇربانلىقى ئىسمى-جىسمىغا لايىق خۇدا بىلەن باغلانغان ئالاقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن سۇنۇلاتتى. بەزىدە ئالاھىدە بىر بەخت-بەرىكەت ئۈچۈن سۇنۇلىدۇ، بەزىدە مەلۇم بىر دۇئا-تىلەككە باغلانغان قەسەم بىلەن سۇنۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى سۇنغۇچى كاھىن ھەم ئېلىپ كەلگۈچى كىشى ئىككىسى ئۇنىڭدىن يەپ بەھرىمەن بولۇشى مۇۋاپىق ئىدى.

ئىشىنىمىزكى، «ئىناقلىق قۇربانلىقى» مەسىھنىڭ ئىنسانلارنىڭ خۇدا بىلەن ئىناق ئالاقە ئورنىتىشىنى بىلدۈرىدۇ. ئېتىقاد قىلغۇچىلار خۇدا بىلەن ئورنىتىلغان شۇ يېڭى ئىناق ئالاقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنداقلا خۇدانىڭ بارلىق مۇقەددەس بەندىلىرى بىلەنمۇ يېڭى ئىناق ئالاقىدە ياشىيالايدۇ (مەسىلەن، «ئەف.» 2:14-15نى كۆرۈڭ).

## (پ) گۇناھ قۇربانلىقى

گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن «كافارەت» (ئىبرانىي تىلىدا «كوفار»، ئەرەب تىلىدا «كافارەت») كەلتۈرەتتى، يەنى ئۇلارنى خۇدا ئالدىدا يېپىپ قوياتتى. «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» كەلتۈرمەكچى بولغان ھەربىر كىشى ئاۋۋال گۇناھ قۇربانلىقىنى كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى.

«كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» 4-5-بابلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇساق، «گۇناھ قۇربانلىقى» پەقەت بىلمىگەن ھالدا ياكى مەقسەتسىز تۈردە سادىر قىلغان گۇناھلار ئۈچۈن قىلىناتتى. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىز ئىنسانلارنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالىنى ۋە گۇناھنىڭ قانچىلىك ئېغىر ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئايان قىلىدۇ ــ ھەممىگە قادىرغا گۇناھ قىلىشىمىز، شۇنداقلا قىلغان گۇناھىمىزنى بىلمەي قېلىشىمىز مۇمكىندۇر! ھالبۇكى، گۇناھ قۇربانلىقى مۇقەددەس قانۇن ئاستىدا ئۆلۈم جازاسىنى ئېلىپ كېلىدىغان گۇناھلارنى ياپالمايتتى. بۇنداق گۇناھلارغا كەچۈرۈم تېپىش ئۈچۈن گۇناھ سادىر قىلغان كىشى پەقەت خۇدادىن بىۋاستە تىلىيەلەيتتى. لېكىن گەرچە خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشسىمۇ، شۇ كەچۈرۈم ئۇنى قانۇننىڭ جازاسى، يەنى جىسمانىي ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرمايتتى.

بىز مەسىھنىڭ «گۇناھ قۇربانلىقى»نى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى توغرۇلۇق تۆۋەندە، «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى» دېگەن تېمىدا توختىلىمىز.

## (ت) ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى

ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى بىلەن گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنىڭدا كۆرۈنىدۇكى، ئۆتكۈزگەن گۇناھى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىياننى ھېسابلاشقا بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىتائەتسىزلىكنى تىلەش قۇربانلىقى كېرەك بولاتتى. بۇ زىياننى خۇدا تارتقان بولۇشى مۇمكىن (مەسىلەن، بىرسى ئىچكەن قەسەمنى ئادا قىلمىغان ياكى مەلۇم بىر قۇربانلىقنى ناتوغرا يوسۇندا ئۆتكۈزگەن بولسا) ياكى ئىنسان تارتقان بولۇشى مۇمكىن (مەسىلەن، بىرسى باشقا بىرسىنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىغان ياكى ئۆزگە ئامانەت قىلىنغان مەلۇم بىر نەرسىنى يېتتىرىپ قويغان بولسا). ھالبۇكى، ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى ئۇنى سۇنغۇچى كىشىنى شۇ زىياننى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ ياكى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پەرزىدىن خالاس قىلمايدۇ. ھەرخىل ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتلىرى 14:5-17:6دە تەمىنلىنىدۇ.

ئەستايىدىل ئوقۇرمەنلەر بەلكىم ئوغرىلىق توغرىسىدا مەزكۇر كىتابتىكى بەلگىلىمىلەر بىلەن «مىس.» 1:22-6دىكى بەلگىلىمىلەردە تەسۋىرلەنگەن جازالاردا پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىشى مۇمكىن. مەزكۇر كىتابتىكى بەلگىلىمىلەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى گۇناھ سادىر قىلغان كىشى ئۆزلۈكىدىن گۇناھىنى ئىقرار قىلغان ئەھۋالدۇر. «مىسىردىن چىقىش»تىكى بەلگىلىمىلەردە، كۆزدە تۇتۇلغىنى ئوغرى باشقىلار تەرىپىدىن تۇتۇلغانلىقى بولىدۇ. شۇڭا «مىسىردىن چىقىش»تا بېكىتىلگەن جازالار ئېغىرراق بولغانلىقى تولىمۇ مۇۋاپىق.

ئەمدى مەسىھنىڭ قۇربانلىق ئۆلۈمىنىڭ قايسى تەرەپلىرى بۇ ئىككى (گۇناھ ۋە ئىتائەتسىزلىك تىلىگۈچى) قۇربانلىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؟

گۇناھ قۇربانلىقىدا، «گۇناھ»نىڭ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنغان خاراكتېرى ۋە ماھىيىتى، شۇنداقلا يوشۇرۇن قىلغۇچى بىر كۈچ-ئامىل بولغانلىقى ئايان قىلىنىدۇ. شۇڭا گۇناھ قۇربانلىقىدا، مەسىھنىڭ ئۆلۈمىنىڭ «گۇناھنىڭ كۈچى»نى بىر تەرەپ قىلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ، دەپ قارايمىز. مەسىھنىڭ ئۆلۈمى (ئىنجىلدىكى خۇش

خەۋەرنى قوبۇل قىلساق) ئادەمنى گۇناھنىڭ ئىچكى كۈچ-قۇدرىتىدىن ئازاد قىلىدۇ («رىملىقلارغا» 6-باب ۋە شۇنىڭغا باغلىق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ). «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى» بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈمى «گۇناھلار»نى، يەنى بىز سادىر قىلغان ئەمەلىي گۇناھلىرىمىزنى بىر-بىرلەپ بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «گۇناھ» (بىرخىل كۈچ-قۇدرەت) بىلەن «گۇناھلار» ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق پەرق روسۇل پاۋلۇسنىڭ «رىملىقلارغا»دىكى نىجات توغرىسىدىكى شەرھلىرىدە ئايان بولىدۇ ــ 1:1-11:5دە «گۇناھلاردىن خالاس بولۇش»، 12:5-8-بابتا «گۇناھتىن ئازاد بولۇش» دەپ بايان قىلىنىدۇ).

ئاخىرىدا ئېنىق قىلىپ ئېيتساق، «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى» بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، خۇدا ئالدىدا «توۋا قىلىش» پەقەت خۇداغا گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلىش بولۇپلا قالماي، بەلكى باشقىلارغا يەتكۈزگەن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىگە ئېنىق بولۇشى كېرەك. ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى مۇۋاپىق قوشۇمچە تۆلەملەر بىلەن ئىگىسىگە ياندۇرۇشىمىز كېرەك، يالغان گەپلەرنى (بولۇپمۇ تۆھمەت قىلغاندا) تۈزىتىشىمىز كېرەك، ھەربىر قەرزنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش كېرەك؛ يەتكۈزگەن زىياننى ھېسابلاشقا مۇمكىن بولمىسا، زىيان تارتقانلاردىن ئەپۇ سوراش لازىم. دەرۋەقە، بۇنداق ئىشلارنى ئادا قىلىش قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ھالقىلىق مەسىلە قەلبىمىزدە شۇنداق نىيەت-ئىرادە بارمۇ-يوق؟ دېمىسەكمۇ، بارلىق قەلبلەرنى تەكشۈرگۈچى خۇدا ئۇنداق قارارلارنىڭ قەلبىمىزدە بار-يوقلۇقىنى ئېنىق كۆرىدۇ؛ بار بولسا، ئۇنداقتا گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلغان شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۇنىڭ تولۇق كەچۈرۈمى بېرىلىدۇ («يۇھاننا 1-مەكتۇپ» 8:1).

## ھەدىيە-قۇربانلىقلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى

شۇنداق قارايمىزكى، ھەدىيە-قۇربانلىقلار ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى ئاۋۋالقى ئۈچ ھەدىيە-قۇربانلىق، ئىككىنچىسى، ئاخىرقى ئىككى ھەدىيە-قۇربانلىق، ئۇلارنىڭ بەزى پەرقلىرى تۆۋەندىكىدەك: ــ

(ئا) بىرىنچى بۆلەكتىكى ئۈچ قۇربانلىق «خۇداغا خۇشبۇي كەلتۈرىدۇ»، ئىككىنچى بۆلەكتىكى ئىككى قۇربانلىقنىڭ ئۇنداق مەزمۇنى يوق.

(ئە) بىرىنچى بۆلەكتىكىسى ئىختىيارەن بولىدۇ، ئىككىنچى بۆلەكتىكىسى مەجبۇرىي بولۇپ، چوقۇم كەلتۈرۈلۈش كېرەك.

(ب) بىرىنچى بۆلەكتىكىسى مەزكۇر كىتابتا خۇدانىڭ بىرىنچى ئېيتقان سۆزى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ، ئىككىنچى بۆلەكتىكىسى ئۇنىڭ ئىككىنچى سۆزى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ.

(پ) بىرىنچى بۆلەكتىكىسى خۇدا بىلەن بولغان ئالاقە-ئىناقلىقنى تەكىتلەيدۇ، تەبرىكلەيدۇ ۋە داۋاملاشتۇرىدۇ؛ ئىككىنچى بۆلەكتىكىسى شۇ ئالاقە ئۈزۈلگەن ھالەتتە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سۇنۇلۇشى كېرەك بولىدۇ.

گۇناھ قۇربانلىقى ۋە ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقلىرىنىڭ بىرقانچە شەرت-چەكلىرى: —

(ئا) شۇ قۇربانلىقلار پەقەت ئىمان-ئىشەنچتە بولغانلار ئۈچۈن ئىناۋەتلىك ئىدى.

(ئە) شۇ ئىككى خىل قۇربانلىق پەقەت بىرقانچە خىل گۇناھلارنى بىر تەرەپ قىلاتتى. قەستەن قىلغان گۇناھلارغا نىسبەتەن ۋە ئۆلۈم جازاسى كەلتۈرىدىغان گۇناھلارغا نىسبەتەن كارغا كەلمەيتتى.

(ب) قۇربانلىقلاردىن بولىدىغان نەتىجىلەر ۋە ئىمتىيازلار پەقەت خۇدا ئەھدىلەشكەن خەلق ئىسرائىللارغىلا تېگەتتى.

(پ) كافارەت كۈنىدىكى قۇربانلىقلاردىن باشقا، ئادەملەر ھەربىر گۇناھى ئۈچۈن ئايرىم بىر قۇربانلىق ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

(ت) مەزكۇر قۇربانلىقلارنىڭ نەتىجىلىرى (تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى ۋە ئىنجىلغا ئاساسەن) ئەمەلىيەتتە قۇربانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىدىن، قانلىرىدىن ياكى شۇ مۇراسىملارنىڭ ئۆزىدىن بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئارقىلىق بېشارەت قىلىنغان مەسىھنىڭ ئۆلۈمىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەۋرات دەۋرىدىكىلەر (خۇدانىڭ سۆزىگە ھەقىقىي ئىمان-ئىشەنچتە بولسا) ئۆز گۇناھلىرىنى يېپىش ئۈچۈن («كافارەت» كەلتۈرۈش ئۈچۈن) ئېلىپ كەلگەن

ھايۋان قۇربانلىقلىرىنى خۇدا قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى كەچۈردى. چۈنكى خۇدا شۇ سۇنغان كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ھايۋان قۇربانلىقلىرىنى ئۆزى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان مەسىھنىڭ ئۆلۈمىنىڭ قىممىتىگە ئوخشاش ھېسابلايتتى.

دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوقكى، مەزكۇر ئىككى خىل قۇربانلىقتا بېشارەت قىلىنغان مەسىھنىڭ قۇربانلىقى بولغان ئۆلۈمدە بىز يۇقىرىدا ئېيتقان چەكلەر يوق ـ ئۇ ھەر دەۋرنىڭ ھەربىر ۋاقتىدا ياشاۋاتقان ھەر يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەربىر گۇناھى ئۈچۈن پەقەت كافارەت (يېپىش)نىلا ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك كەچۈرۈم كەلتۈرىدۇ ھەمدە ئىشەنگۈچى ئادەمنى شۇ گۇناھنىڭ كۈچىدىن ئازاد قىلىدۇ. بۇ «كافارەت»تىن مىڭ ھەسسە چوڭ بىر ئىشتۇر.

## نېمىشقا ھايۋانلارنى «پاك» ۋە «ناپاك» دەپ بېكىتكەن؟

ھەممىدىن ئاۋۋال بىزگە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇقۇشماسلىقنى ھەل قىلماقچىمىز. كۆپ ئادەملەر: «مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇندا پەقەت ئىككى خىل، يەنى «ھارام» ۋە «ھالال» ھايۋانلار بار»، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما تەۋراتتا ھايۋانلار توغرىسىدا ئىككى خىل پەرق بار: ـ «پاك» ھەم «ناپاك» (ھايۋانلار) ۋە «يېگىلى بولىدىغان» (ھالال) ھەم «يېگىلى بولمايدىغان» (ھارام) ھايۋانلار.

«پاك» ھايۋانلارنى يېگىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلار قۇربانلىق قىلىنىپ، خۇدا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشقا مۇۋاپىق بولىدۇ. مەسىلەن «يار.» 2:7نى كۆرۈڭ. نۇھ پەيغەمبەرگە چوڭ توپاندىن ئىلگىرى پەقەت مېۋە-كۆكتاتلارنىلا يېيىشكە رۇخسەت ئىدى؛ لېكىن شۇ چاغدىمۇ ئۇ قايسى ھايۋاننىڭ پاك، قايسىلىرىنىڭ ناپاكلىقىنى بىلەتتى («يار.» 2:7) – چۈنكى پاك ھايۋانلارنىلا قۇربانلىق قىلىشقا بولاتتى (20:8نى كۆرۈڭ. توپاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بارلىق ھايۋانلارنى يېيىشكە رۇخسەت بېرىلگەن (3:9)).

ئىسرائىلغا مەسىلەن جەرەن يېيىشكە رۇخسەت ئىدى («قان.» 5:14). لېكىن ئۇنى قۇربانلىق ھايۋان سۈپىتىدە سۇنۇشقا بولمايتتى.

بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرىنچى مەقستى بولسا، ئىسرائىلنى ئەتراپىدىكى بۇتپەرەس ئەللەردىن ئايرىيدىغان بىرخىل «ئارا تام» ياكى «قاشا» قىلىش ئىدى، دەپ ئىشىنىمىز («مىسىردىن چىقىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە «قانائانىيلارنى يوقىتىش»

(مەسىلەن، «مىس.» 23:23-24) دېگەن تېما توغرىسىدىكى بايانىمىزنى كۆرۈڭ). ھەممىمىزگە تولىمۇ ئايانكى، بىرسى بىلەن ھەمداستىخان بولالمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇش مۇمكىن بولمايدۇ.

بۇ بەلگىلىمىلەردە سالامەتلىك تەرەپلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن ــ مەسىلەن، چوشقىلار ۋە سەدەپلەر مۇھىتنى بۇلغايدىغان نەرسىلەرنى يېيىش بىلەن ئۇنى ئۆز تېنىگە سىڭدۈرۈۋالىدۇ؛ ئوتتۇرا شەرقتە ئۇلارنىڭ گۆشلىرى تېز چىرىپ كېتىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، مۇشۇ تەرەپلەر خۇدانىڭ بەلگىلىمىلەردىكى ئالاھىدە مەقسىتى بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمىز.

شۇنداقتىمۇ، بىز خۇدانىڭ قەدىمكى خەلقى ئۈچۈن نېمىلەرنى يېيىشكە بولىدىغان، نېمىلەرنى يېيىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنىڭ ھېچ بولمىغاندا يەنە بىر مەقسىتى بار ئىدى، دەپ قارايمىز، يەنى بېشارەت بولۇش. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ تەپسىلىي بەلگىلىمىلەرنى ««مەسىھنىڭ جىسمىدىن چۈشكەن كۆلەڭگە»، ئۇلار كەلگۈسى زامان (قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ دۇنياغا كېلىدىغان زامان)دىكى رېئاللىقنى كۆرسىتىدىغان بېشارەتلەر» دەپمۇ قارايمىز.

مۇشۇ خىل بېشارەتلەر بۇ «يېگىلى بولىدىغان» ۋە «يېگىلى بولمايدىغان» نەرسىلەرنىڭ بۇ تىزىملىكلىرىدە قانداقمۇ كۆرۈنىدۇ؟

مۇشۇ يەردە ھەربىر نەرسە توغرۇلۇق توختالمايمىز. بىرىنچىدىن، ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئىبرانىيچە ئىسىملىرىنى قانداق تەرجىمە قىلىشاق توغرا بولىدىغانلىقى بۈگۈن بىزگە نامەلۇم. ھالبۇكى، ئۇلاردىن بەزىلىرىنى تاللاپ مىسال قىلىپ ئېلىپ، مەسىھدە بولغان ھاياتىمىز ئۈچۈن قانداق دانالىق ياكى كۆرسەتمىلەرنىڭ بارلىقى توغرۇلۇق پىكىر بېرەلەيمىز: ــ

(ئا) «پاك» ياكى يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلار بولسا ئوزۇقنى كۆشىگۈچىلەر، يۇمشاق چايناپ يەيدىغانلار ۋە ئاچىماق تۇياقلىق ھايۋانلاردۇر. بۇ ئالامەتلەر خۇداغا ھاياتى پاك بىر ئادەمنى بىلدۈرەمدۇ؟ ئۇلار روھىي ئوزۇق بولغان خۇدانىڭ سۆزىنى ئوبدان «چاينايدىغان»لار، يەنى ئۇنىڭ سۆزىنى چوڭقۇر ئويلىنىپ ئۆزىگە سىڭدۈرىدىغانلار ۋە ئىش-ئەمەللىرىدە «ئايرىش» ياكى «بۆلۈنۈش»نىڭ ئىزلىرى بارلاردۇر ــ ئۇلار خۇدانى نارازى قىلىدىغان بارلىق ھەرقانداق ئىشلاردىن ئۆزلىرىنى ئايرىيدۇ.

(ئە) «ناپاك» ياكى يېگىلى بولمايدىغان ھايۋانلار بولسا بەزىدە باشقىلارنى

ئۇۋلايدىغان ياكى ئۆلجا قىلىدىغان ھايۋانلار. خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ھاياتىدا ئۇنداق ئىشلار (باشقا ئادەملەرنى ئۆز ئولجىسى قىلىش) بولمايدۇ.

(ب) خامىلېئوننى يېيىشكە بولمايدۇ (11:30). بۇنداق ھايۋان ئۆز رەڭگىنى ئەتراپىدىكى مەنزىرىگە ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتەلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ بىزگە ساختىپەزلىكنىڭ خاراكتېرىنى ئوبدان كۆرسىتىدۇ! ساختىپەزلەر ھەردائىم ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە ياكى شۇ كىشىلەرنىڭ «ياخشى كۆرىدىغان نەمۇنە»سىدەك كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ.

(پ) سۇدا ياكى دېڭىزدا يۈرىدىغان «پاك» ياكى يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلار «ئېقىمغا قارشى» يۈرۈشكە كۈچى بار ھايۋانلاردۇر ــ ناپاكلار بولسا (مەسىلەن، سەدەپلەر ياكى قالپاقلىق مېدۇزا) دائىم ئېقىن بىلەن تەڭ دېڭىزدەك لەيلەپ ئېقىپ كېتىدۇ. خۇدانىڭ خەلقى «شامالغا ئەگەشكۈچى»لەر ئەمەس، بەلكى بىرىنچى تېپتىن بولۇپ «ئېقىمغا قارشى» يۈرەلەيدۇ.

## قىز-ئايالالاردىكى «ناپاكلىق» ۋە بەزى چوڭ ئۇقۇشماسلىقلار (12-باب)

بۇ ئىش توغرۇلۇق كۆپ ئۇقۇشماسلىقلار بولغاچقا، ئۇ توغرۇلۇق بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: ــ

(ئا) تۇغۇتنىڭ ئۆزى ئايالنى «ناپاك» قىلمايدۇ. بالا تۇغۇش ئەسلىدە ئايالار ئۈچۈن بەختلىك بىر ئىش؛ مەسىلەن «يار.» 28:1، «زەب.» 3:127، 3:128دە بۇ نۇقتا ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ.

(ئە) تۇغۇتتا بولغان «ناپاكلىق» تەندىكى ئاقما (مۇشۇ يەردە قان، 5:4، 4:7) تۈپەيلىدىن بولىدۇ. «كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» 15:19-33دە بۇ نۇقتا ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ. ئەر كىشىلەر (تېنىدىكى) ئاقمىلار تۈپەيلىدىن «ناپاك» بولىدۇ («كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» 15:1-18). مۇشۇ يەردە ئەر-ئاياللار قارىقويۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ ــ ھېچقانداق «جىنسىي كەمسىتىش» يوق. تۇغۇتتا كۆپ قان تۆكۈلۈش ۋە قاتتىق ئازابلار ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن بىر نەتىجە، دەپ قارايمىز («يار.» 16:3نى كۆرۈڭ).

(ب) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ناپاكلىق» ھەرگىز بىرخىل ئەخلاقىي ياكى روھىي ناپاكلىق ئەمەس، بەلكى «رەسمىي» ناپاكلىق ئىدى. شۇ ناپاكلىقنىڭ مەنىسى ــ قۇربانلىقلاردىن يېيىشكە بولمايتتى ياكى مۇقەددەس چېدىرغا يېقىنلىشىشقا بولمايتتى.

(پ) تەندىكى ئاقمىلار (مەيلى قان بولسۇن باشقا نەرسە بولسۇن)غا باغلىق بارلىق بەلگىلىملەرگە ئوخشاش، بۇ قۇربانلىقمۇ ھەم ئەر كىشىگە ھەم ئايالغا (ئەر كىشى ئايالى ئۈچۈن قۇربانلىق سۇنۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە) پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىق ھالەتكە چۈشكەن ۋە پەقەت قۇربانلىق قېنى بىلەن ئۈنىڭدىن پاك قىلىنىشقا بولىدىغانلىقىغا ئېنىق بىر ئەسلەتمە ئىدى.

(ت) نېمىشقا قىز بالىنى تۇغقاندىن كېيىن «پاكلىنىش ۋاقتى» ئۇزۇنراق، يەنى 80 كۈن، ئوغۇل بالىنى تۇغقاندىن كېيىنكى پاكلىنىش ۋاقتى پەقەت 40 كۈن بولىدۇ؟ سەۋەبىنى بىلىپ يېتىش ئانچە ئاسان ئەمەس. بەلكىم بىر سەۋەبى ئوغۇل-قىز ئۈچۈن ئەسلى 80 كۈن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئوغۇل بالىنىڭ «سەككىزىنچى كۈنىدە» خەتنىسىنى قىلىش كېرەكلىكى («يار.» 12:17) تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى «ناپاكلىق»تىكى ئالدىنقى ئىككى ھەپتە بىر ھەپتىگە قىسقارتىلغانىدى. بولمىسا، ئايال كىشىنىڭ «ناپاكلىقى» خەتنە ئۆتكۈزۈشكە بىرخىل دەخلى ياكى توسالغۇ بولاتتى. شۇ نىسبەت بويىچە، قالغان 66 كۈنلۈك ۋاقىت 33 كۈنگە قىسقارتىلغانىدى.

(ج) ئاخىرقى قۇربانلىقلار (ھەم گۇناھ قۇربانلىقى ھەم كۆيدۈرمە قۇربانلىق)نىڭ ئوغۇل بالا ۋە قىز بالا ئۈچۈن ئوخشاش ئىكەنلىكى خۇدا ئالدىدا قىز بالا ھەم ئوغۇل بالىنىڭ قىممىتىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## ئىنسانلاردا بولىدىغان «پېسە-ماخاۋ كېسىلى» قانداق كېسەل؟ (13-14-بابلار)

بۇ «پېسە-ماخاۋ كېسىلى» قانداق كېسەل؟ بۇ بابلارنى ئوقۇپ تەكشۈرگەن دوختۇرلار مۇشۇ يەرلەردە كۆزدە تۇتۇلغان كېسەلنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ، «پېسە-ماخاۋ كېسىلى» (ئىبرانىيە تىلىدا «تسارات») بىربەچچە كېسەلنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماخاۋ كېسىلى («خانسەننىڭ كېسىلى»)

چوقۇم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ بابلاردا يەنە بىرقانچە باشقا تېرە كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىمۇ تەسۋىرلىنىدۇ، ھەتتا بەلكىم بۈگۈنكى كۈندىكى ناتونۇش ئىنتايىن يۇقۇملۇق بىرخىل تېرە كېسەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ كۆزقارىشىمىز يەھۇدىيلارنىڭ كونا تارىخىي كىتابلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى قەدىمكى يەھۇدىي ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى: «پېسە-ماخاۋ كېسىلى» ھېچقاچان شىپا تاپقان ئەمەس، دەيدۇ. شۇڭا بۇ «پېسە-ماخاۋ كېسىلى»گە گىرىپتار بولغان بىرەر بىمارنىڭ «پاكلىنىش»نىغا مۇناسىۋەتلىك 14-بابتا تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن مۇراسىم ئىسرائىلنىڭ 1500 يىللىق تارىخىدا بىر قېتىممۇ ئۆتكۈزۈلگەن ئەمەس! شۇ سەۋەبتىن «رابىبلار» (يەھۇدىي ئۆلىمالار) قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ كەلگىنىدە، ئۇنىڭ ئالاھىدە خىزمىتى «پېسە-ماخاۋ كېسىلى»نى ساقايتىشنى چوقۇم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايتتى. «مات.» 2:8-4نى كۆرۈڭ. ئەيسا مەسىھ مۇشۇ يەردە «پېسە-ماخاۋ كېسىلى»گە گىرىپتار بولغان كىشىنى ساقايتقاندىن كېيىن ئۇنى كاھىنلارنىڭ ئالدىغا مۇشۇ بابتىكى مۇراسىمنى ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن كاھىنلارغا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئېنىق ئىسپات بولغان بولاتتى. ئەمما شۇ كىشى رەببىمىز ئۇنىڭغا تاپىلىغىنىنى ئادا قىلغان ئەمەس («مار.» 1:40-45).

خۇدانىڭ مۇشۇ بەلگىلىمىلەردە كۆزدە تۇتقان مەقسىتىنىڭ بىر قىسمى، شۈبھىسىزكى، ئۆز خەلقىنىڭ ئومۇمىي سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتقان: ــ مەزكۇر كېسەلنىڭ تاراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تىبابەتچىلىكتىكى ھازىرقى زاماندىكى «ئايرىش» ياكى «كارانتىن» دېگەن ئىشقا ئوخشاش ئىدى.

«پېسە-ماخاۋ كېسىلى» بىزگە بىشارەتتەك گۇناھنىڭ ئۆزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان سۈرەتلەيدۇ. ئۇ ئاۋۋال بەك كىچىككىنە بىر ئالامەت بىلەن پەيدا بولىدۇ، ئاستا-ئاستا ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قاپلايدۇ. نەتىجىدە، ئىنسان بىلەن ئىنسان ھەم ئىنسان بىلەن خۇدا ئايرىلىدۇ («پېسە-ماخاۋ كېسىلى» بولغان كىشى مۇقەددەس چېدىرغا كىرىشكە بولمايتتى، ھەمدە باشقىلاردىن ئايرىم تۇرۇشى كېرەك ئىدى). ئاخىر بېرىپ ئۇ ھەممە يەرنى قاپلاپ ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. پەقەت قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئۆزى ئۇنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ ــ ھەم شۇنداق قىلىشقا رازىدۇر، خۇداغا تەشەككۇر! («مات.» 2:8-3نى كۆرۈڭ).

## «پېسە-ماخاۋ كېسەلى» ـ قانداقمۇ رەخت-تېرىدە ۋە ئىمارەتلەردە پەيدا بولسۇن؟ (13-14-بابلار)

مۇشۇ بابلاردا كۆزدە تۇتۇلغان «پېسە-ماخاۋ كېسىلى» ھەم ئىنسانلارغا، ھەم رەخت-تېرىلەرگە ھەم ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ سۇۋاق، خىشلار ۋە ياغاچلىرىغا يۇقۇش ئەھۋالى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئىش بەلكى ئوقۇرمەنلەرگە سەل غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تەۋراتتىكى بىرنەچچە قىسىملاردا تىلغا ئېلىنغان «پېسە-ماخاۋ كېسىلى» (ئىبرانىي تىلىدا «تسارات» دېگەن سۆز) پەۋقۇلئاددە بىر كېسەل (ماخاۋ كېسىلى)دىن باشقا نەچچە خىل يۇقۇملۇق ۋابا-كېسەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، مۇشۇ بابلاردا ئۇ ماددىي بۇيۇملارغا يۇقىدىغان بىرنەچچە زىياندىش يۇقۇملۇق زەمبۇرۇغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن رەخت-كىيىمدە پەيدا بولغان ھالەتلەر دەرۋەقە ھۆل كىلىماتلاردىكى كىيىم-كېچەك، ئۆيلەرگە ئىنتايىن زىيانلىق بولغان تۈرلۈك «كۆكىرىك زەمبۇرۇغ»لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆي-ئىمارەتلەرگە تېگىدىغان، شۇ بابلاردا كۆرسىتىلگەن شۇ «پېسە-ماخاۋ كېسىلى»دىكى ھالەتلەر «قۇرۇق چىرىش كېسىلى»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا «پېسە-ماخاۋ كېسىلى» ئەمەلىيەتتە يەنە بىرخىل «زەمبۇرۇغ ۋابا» بولۇپ، ئۆي-ئىمارەتلەرگە چوڭ زىيان يەتكۈزىدۇ (شۇڭلاشقا، ئەگەر ئالدى ئېلىنمىسا بەك خەتەرلىك ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ). يېقىندا ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىرنەچچە خىل دورا بارلىققا كەلدى؛ لېكىن شۇ دورىلار مەيدانغا كەلگۈچە «قۇرۇق چىرىش كېسىلى»نى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىردىنبىر تەدبىر بۇ بابلاردا ئېيتىلغاندەك، ئۆي-ئىمارەتلەردىن تەسىر يەتكۈزۈلگەن بارلىق يەرلەر (تاشلار، خىشلار، ياغاچ، سۇۋاق قاتارلىق)نى چىقىرىپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا كىلىماتىمىز قۇرغاق بولغاچقا (خۇداغا تەشەككۈر!)، بىزدە شۇنداق ھالەتلەر ئاز ئۇچرىغان.

## 16-باب «كافارەت كۈنى» توغرۇلۇق

بۇ كۈن باش كاھىن «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا كىرىشكە بولىدىغان بىردىنبىر كۈن ئىدى. ئىنجىلدىكى «ئىبرانىيلار»نى يازغۇچى شۇ كىتابتىكى 9-بابتا بۇ ئىش توغرۇلۇق شەرھ بېرىدۇ، شۇ بابنى كۆرۈڭ. باش كاھىن ئاۋۋال ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاندىن خەلق ئۈچۈن كافارەت بېرىشى كېرەك ئىدى.

بۇ بابتا ئېيتىلغان ئىككى ئۆچكە نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ قىسقىسى، ئىككى ئۆچكە مەسىھنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايمىز؛ قۇربانلىق قىلىنغان بىرىنچىسى ئۇنىڭ جىسمانىي تەرەپتىكى ئۆلۈمىنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ؛ چۆلگە («ئازازەل ئۈچۈن») ھەيدىۋېتىلگەن ئىككىنچىسى مەسىھنىڭ بىزنىڭ گۇناھىمىزنى كۆتۈرۈپ بولغان ئۆلۈمدە ھەم ئىنسانلار تەرىپىدىن ھەم ئۇنىڭدىن مۇھىمى، خۇدا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى «ئازازەل» (8:16، 10، 26) دېگەن كىم ياكى نېمە؟

يۇقىرىدا 8:16دىكى ئىزاھاتىمىز بويىچە، «ئازازەل» دېگەن سۆز ھەم «ئۆچكە» ھەم «ھەيدەلگەن» ياكى «تاشلانغان» ياكى «چەتكە قېقىلغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۆچكىنىڭ «ئازازەل»گە چۆل-باياۋانغا ھەيدەلگەنلىكى: (ئا) مەسىھنىڭ ئىسرائىل تەرىپىدىن ۋە ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇخلىسلىرى تەرىپىدىنمۇ چەتكە قېقىلىش ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ (مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ يېنىدىن قاچقاندى — «مات.» 31:26، «يۇھ.» 32:16) ۋە: (ئە) ئۇنىڭ بىزنى دەپ خۇدا تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىش ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى تارتىدىغانلىقىنىمۇ ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كۆتۈردى ۋە بىزنى دەپ ئۆزى گۇناھنىڭ ئۆزىنى بىر تەرەپ قىلدى — مانا ئۇنىڭ: «مېنىڭ خۇدايىم، مېنىڭ خۇدايىم، نېمىشقا سەن مېنى تاشلىۋەتكەنسەن؟!» دەپ ۋارقىرىشىنىڭ سەۋەبىدۇر («مات.» 46:26، «2كور.» 18:5). گۇناھ ئۆزى ئۇنىڭدا ۋەيران قىلىنىپ، ئۇنىڭ پاك-دىيانەتلىك ۋە مۇقەددەسلىكى ھېچقانداق داغ-نۇقسان يۇقۇلماي مۇتلەق پاك ھالەتتە قېلىپ، ئۇ خۇدائاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىدىن قوبۇل قىلىندى.

## 4-3:17 تەرجىمىسى توغرۇلۇق

بىزنىڭ تەرجىمىمىز: – «ئىسرائىلنىڭ جەمەتلىرىدىن بولغان ھەرقانداق كىشى قۇربانلىق قىلماقچى بولۇپ، كالا ياكى قوي ياكى ئۆچكىنى جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىدا، پەرۋەردىگارنىڭ تۇرالغۇ چېدىرىنىڭ ئالدىغا، پەرۋەردىگارغا ئاتالغان قۇربانلىق سۈپىتىدە يېتىلەپ ئەپكەلمەي، بەلكى چېدىرگاھنىڭ ئىچىدە ياكى تاشقىرىدا بوغۇزلىسا، ئۇنىڭدىن ئاققان قان شۇ كىشىنىڭ گەدىنىگە ئارتىلىدۇ؛ بۇ ئادەم «قان تۆككەن» دەپ، ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»

باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: – «ئىسرائىلنىڭ جەمەتلىرىدىن بولغان ھەرقانداق كىشى كالا، قوي ياكى ئۆچكىنى چېدىرگاھنىڭ ئىچىدە ياكى تاشقىرىدا بوغۇزلاپ، جامائەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئاغزىدا، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ تۇرالغۇ چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنمىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئاققان قان شۇ كىشىنىڭ گەدىنىگە ئارتىلىدۇ».

كېيىنكى تەرجىمىنى توغرا دېگەن كۆزقاراشتا بولغانلار مۇنداق پىكىردە تۇرىدۇ: –

(1) ئىسرائىللار چۆل-باياۋاندا يۈرگىنىدە كۆپ گۆش يېمەيتتى («مىس.» 16-بابنى كۆرۈڭ). كالا-قويلارنىڭ كۆپىنچىسى سۈت ئۈچۈن بېقىلاتتى؛

(2) ئۇلار ھازىر مىسىردىن يېڭىلا چىققان بولغاچقا، مىسىردىكى بۇتپەرەسلىكنىڭ تەسىرىدىن تولۇق ئازاد بولۇشى كېرەك، ئادەتتىكى «مال سويۇش» بىلەن «قۇربانلىق قىلىش» ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، گۆش يېيىش ئۈچۈن مال سويماقچى بولغان ھەربىر كىشىمۇ چوقۇم ئۇنى مۇقەددەس چېدىر ئالدىدا قۇربانلىق سۈپىتىدە سويۇشى كېرەك (7:17-، 10-15-ئايەتتە، مىسىرلىقلارنىڭ بۇتپەرەس ئۆرپ-ئادەتلىرى كۆرسىتىلىشى مۇمكىن). مۇشۇ ئالىملارنىڭ پىكرىچە، ئۇشبۇ ھۆكۈم ئىسرائىللار پەقەت چۆل-باياۋاندا يۈرگەن ۋاقىتتىلا ئىناۋەتلىك بولۇپ، كېيىن پەلەستىن زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان («قان.» 15:12-28نى كۆرۈڭ).

ئۇلارنىڭ بۇ دېگىنى ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنسىمۇ، بىزنىڭچە 7- ۋە 8-9-ئايەتكە قارىغاندا، كۆزدە تۇتۇلغان مۇھىم ئىش گۆش يېيىش ئۈچۈن مال سويۇش ئەمەس،

بەلكى يەنىلا قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭچە، ئىسرائىلنىڭ بارگاھدا تۇرغان ئىككى مىلىيون خەلقىنىڭ چارپاي مېلى ئاز بولسىمۇ، بىر كۈندە گۆش يەيمىز دېگەن ھەربىر ئائىلىنىڭ ھەممىسى سويماقچى بولغان مالنى بوغۇزلاش ئۈچۈن مۇقەددەس چېدىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولمايتتى.

## ئىسرائىلغا بېكىتىلگەن ھېيت-بايراملار ـ ئۇلارنىڭ بېشارەتلىك ماھىيىتى (23-باب)

بۇ ئۇلۇغ تېما توغرۇلۇق شەرھ سۆزلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سەھىپە چەكلىمىسى بىلەن قىسقىراق بىرنەچچە سۆز قىلىمىز؛ خۇدا بۇيرۇسا، شۇلار ئوقۇرمەنلەرگە ئاچقۇچتەك نەچچە يېڭى ئىستىقامەت يوللىرىنى ئاچسۇن دېگەن ئۈمىدتە بولىمىز.

بۇ باىتا يەتتە ھېيت-بايرام تەسۋىرلىنىدۇ. مۇقەددەس يازمىلاردا «يەتتە» سانى كۆرۈلسە، شۇ «يەتتە» كۆپ جايلاردا «تۆت» ۋە «ئۈچ»كە بۆلۈنىدۇ (ئوقۇرمەن ئۆزى تەكشۈرسۇن). بۇ يەردىمۇ شۇنداقتۇر: ـ

بىرىنچى تۈركۈم: (مەسىھنىڭ دۇنياغا بىرىنچى قېتىملىق كېلىشىنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ)

(ئا) «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»

(ئە) «پېتىر نان ھېيتى»

(ب) «دەسلەپكى ھوسۇل ھېيتى»

(پ) «ھەپتىلەر ھېيتى» (ھوسۇل ئېلىش ھېيتى)

ئىككىنچى تۈركۈم: (مەسىھنىڭ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىملىق كېلىشىنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ)

(ت) «كاناي چېلىش ھېيتى»

(ج) «كافارەت كۈنى»

(چ) «كەپىلەر ھېيتى»

مۇشۇنداق بۆلۈنۈشتە بىرىنچى تۈركۈم ھېيتلارنىڭ ھەممىسى قىسقا بىر ۋاقىتقا (يەنى يەتتە ھەپتە ئىچىدە) مەركەزلەشكەن، ھەممىسى تېرىم پەسلىنىڭ بېشىدا پەقەت يەتتە ھەپتە ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئىككىنچى تۈركۈم ھېيتلار يىغىم پەسلىنىڭ ئاخىرىدا، مېۋە ھوسۇلنى يىغىش ۋاقتىدا ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەمدى ھەربىر ھېيتنىڭ تەمسىلگەن بېشارەتلىرى نېمە؟

## (ئا) «ئۆتۈپ كېتىش» ھېيتى

بۇ ھېيت، شۈبھىسىزكى، مەسىھنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى «ئۆتۈپ كېتىش»تىكى قوزىنىڭ ئۆلۈمى ۋە قېنىنىڭ تۆكۈلۈشى بىلەن ئىسرائىل مىسىرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزۇلۇپ يېڭى بىر ھاياتقا چىقىرىلىپ ئازاد قىلىنغان. چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا شۇ سەۋەبتىن رەببىمىز مەسىھنى كۆرسىتىپ ئۇنى «دۇنيانىڭ گۇناھىنى ئېلىپ كېتىدىغان خۇدانىڭ قوزىسى» دەپ ئاتىدى («يۇھ.» 29:1). «1كور.» 7:5، 1:10-2نى كۆرۈڭ.

## (ئە) «پېتىر نان» ھېيتى

مۇقەددەس يازمىلاردا «خېمىرتۇرۇچ» ياكى ئېچىتقۇنى دائىم گۇناھ، تەكەببۇرلۇق ياكى ساختىپەزلىكنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئىشلىتىدۇ. «پېتىر نان» ھېيتى ۋاقتىدا، ھەربىر ئىسرائىلىي ئۆيىدىن بارلىق ئېچىتقۇلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ تاشلىۋېتىدۇ. بۇ ئىش ھازىرقى ھاياتىمىزدا بىزنىڭ «ئۆتۈپ كېتىش» ھېيتىدىكى قوزىمىز بولغان مەسىھ ئەيسانى ئىستىمال قىلىپ، ئۆزىمىزدىن بارلىق «كونىلىق»نى تازىلاش، توۋا قىلىش جەريانىنى بىلدۈرىدۇ. «يەتتە» بولسا «كامىللىق»نى بىلدۈرىدىغان رەقەم بولۇپ، بىزگە خۇداغا ئىشەنسەك، توۋا قىلىش جەريانى ئارقىلىق ئۇ «بارلىق ئېچىتقۇ»نى بىزدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، دەپ رىغبەتلەندۈرىدۇ: ــ

««كىچىككىنە خېمىرتۇرۇچ پۈتكۈل خېمىرنى بولدۇرۇپ يوغىنىتىدۇ»
دەپ بىلمەمسىلەر؟

كونا خېمىرتۇرۇچنى چىقىرىۋېتىڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئەسلى

خېمىرتۇرۇچسىز خېمىردەك يېڭى بىر زۇۋۇلا بولسىلەر؛ چۈنكى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دىكى قوزىمىز بولغان مەسىھ قۇربانلىق قىلىندى؛ شۇڭا ھېيتنى يامان نىيەتلىك ۋە رەزىللىك بولغان خېمىرتۇرۇچ بىلەن ئەمەس، بەلكى سەممىيلىك ۋە ھەقىقەت بولغان پېتىر نان بىلەن تەنتەنە قىلىپ ئۆتكۈزەيلى» («1كور.» 5:6-8)

## (ب) «دەسلەپكى ھوسۇل ھېيتى»

بۇ ھېيتنىڭ مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنى كۆرسىتىدىغان بىر بېشارەت ئىكەنلىكى بەك ئېنىق كۆرۈنىدۇ. مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى دەل شۇ كۈندە، يەنى بىرىنچى «ئۆتۈپ كېتىش» ھېيتىدىن كېيىنكى بىرىنچى شاباتنىڭ كېيىنكى كۈندە (ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈندە، يەنى يەكشەنبە) بولدى. رەببىمىز ئۆزى ئۆز تىرىلىشى توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، «مېنىڭ ئۆلۈمۈم مول «ھوسۇل»نىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ» دەپ تەسۋىرلەپ، ئۆزىنى شۇ «ھوسۇلنىڭ دەسلەپكىسى» دەپ كۆرسەتكەن - «يۇھ.» 24:12، «كورىنتلىقلار (1)» 20:15، 23نى كۆرۈڭ. شۇ ھېيتتا، ئارپا ھوسۇلىنىڭ بىرىنچى بېغى پەرۋەردىگار ئالدىدا ئۆرۈلگىنى ئاتاپ كۆتۈرۈلگەندەك، رەببىمىز تىرىلگەندىن كېيىن خۇداغا كۆتۈرۈلدى («يۇھ.» 17:20).

## (پ) «ھەپتىلەر ھېيتى» («ھوسۇل ئېلىش ھېيتى»، «دەسلەپكى ئورما ھېيتى»)

مەزكۇر ھېيت ئەتىيازدىكى ئارپا ھەم بۇغداي ھوسۇللىرىنى يىغىشنى تەبرىكلەش ھېيتى ئىدى (شۇڭا بەزىدە «دەسلەپكى ھوسۇل ھېيتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ - چۈنكى بۇغداي ھوسۇلى ھېيت ۋاقتىدا باشلىنىدۇ). شۇ بۇغداي دانلىرىدىن ئېتىلگەن نان پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنۇلىدۇ. غەلىتە ئىش شۇكى، شۇ ئىككى نان ئېچىتقۇ بىلەن يېقىلىشى كېرەك. مۇقەددەس روھ جامائەتنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى دەل شۇ كۈندە بولغاچقا («روس.» 2-باب)، بىز ئىككىلەنمەي شۇ ئىككى نان

جامائەتنىڭ سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. جامائەت ئىككى تەرەپتىن، يەنى يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىي ئەمەسلەر («يات ئەللەر»)دىن تەركىب تاپقان. سىرتقى كۆرۈنۈشتە شۇ ئادەملەر دەرۋەقە ئىككى تۈركۈم بولىدۇ، لېكىن خۇدا ئالدىدا ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىردۇر («ئەف.» 2:15-16نى كۆرۈڭ). نانلاردا قالغان خېمىرتۇرۇچ بولسا شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مەسىھنىڭ جامائىتى (شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسى) تۇغۇلۇشىدىلا يەنە ئۆزىدىن تازىلاپ چىقىرىش كېرەك بولغان، ئۆزىگە تېخى يوشۇرۇن بىرنەچچە ئىللەت مەۋجۇت ئىدى. ھەربىرىمىز خۇدا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغىنىمىز بىلەن ئۆزىمىزدىكى «ئېچىتقۇ» قەيەردە تېپىلسا شۇ يەردىن چىقىرىش بۇرچى باردۇر («1كور.» 6:5-8). جامائەت نىجات تېپىپ، مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن روھىي ھايات ئاتا قىلىنىش بىلەنلا، مۇقەددەس قىلىنىش جەريانى باشلىنىدۇ ھەمدە رەببىمىز قايتىپ كەلگۈچە داۋاملىشىدۇ.

قىزىق بىر ئىش شۇكى، ئىسرائىلنىڭ تەۋراتتىكى كالېندارىدا ھېيتسىز بىر ئارىلىق تېپىلىدۇ. مۇشۇ 23-بابتا تەسۋىرلەنگەن شۇ ئىككى تۈركۈم ھېيت ئوتتۇرىسىدا ھوسۇل ئېلىش توغرىسىدىكى بىرنەچچە بەلگىلىمىلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاۋۋالقى ھېيتلارنىڭ تۆتىنچىسى جامائەتنىڭ تۇغۇلۇشىنى بىلدۈرىدۇ. ئاخىرقى ئۈچ ھېيت دېگىنىمىزدەك ئاخىرقى زامان (مەسىھ قايتىپ كېلىدىغان زامان)نى كۆرسىتىدۇ. «جامائەتنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ (مىلادىيە 33-يىلىدىكى «ئورما ھېيتى» بولۇشى مۇمكىن) ھازىرغىچە ۋە مۇشۇ دەۋردىن ئاخىرقى زامانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت دەرۋەقە ھوسۇل ۋاقتى بولىدۇ. خۇش خەۋەر ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر رەببىمىزگە قوشۇلۇپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن مول ھوسۇل بولماقتا.

## (ت) كاناي چېلىش ھېيتى

بۇ ھېيت يەتتىنچى ئاي (سىنتەبىر ياكى ئۆكتەبىر)نىڭ بىرىنچى كۈنى بولىدىغان ھېيت بولۇپ، «كاناي چېلىش»تىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئىسرائىلنىڭ چېدىرگاھىدا كانايلار خەلقنى ياكى يىغىلىشقا ياكى يولغا

چىقىشقا چاقىرىش ئۈچۈن، ئاگاھ سىگنالى بېرىش ياكى قۇربانلىقلارنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى («چۆل.» 1:10-10نى كۆرۈڭ).

ئىسرائىل شۇ ھېيت ئۈچۈن يېرۇسالېمغا يىغىلىشقا چاقىرىلغان ئەمەس؛ «مىس.» 15:23-17 بىزگە كۆرسىتىدۇكى، مۇنداق ئىش يىلدا پەقەت ئۈچ قېتىملا ــ يەنى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» (شۇنداقلا «پېتىر نان ھېيتى»)، «ھوسۇل ئورۇش ھېيتى» ۋە يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈندە بولىدىغان «كەپىلەر ھېيتى»دە بولاتتى («قان.» 16:16نىمۇ كۆرۈڭ). شۈبھىسىزكى، «كاناي چېلىش ھېيتى» كۈنىنىڭ مەقسىتى، خەلقنى ئىككى ئەڭ مۇھىم ھېيت، يەنى «كافارەت كۈنى» ۋە «كەپىلەر ھېيتى» يېقىنلاشتى، دەپ ئويغىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەزاكىيال پەيغەمبەر بىر چاغدا قۇرۇق-قاقشال سۆڭەكلەرگە تولغان بىر جىلغىنى كۆرسەتكەن غايىبانە بىر كۆرۈنۈشنى كۆرگەن («ئەزاكىيال» 37-باب). خۇدا ئۇنىڭدىن: «ئىنسان ئوغلى، بۇ سۆڭەكلەر ياشنامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: ــ «ئى پەرۋەردىگار، سەن ئۆزۈڭ بىلىسەن!» دەپ ئاقىلانە جاۋاب بەردى. خۇدا ئۇنىڭغا: «مۇشۇ سۆڭەكلەرگە «يىغىلىڭلار» دەپ بېشارەت جاكارلىغىن!» دەپ بۇيرۇدى. ئۇ شۇنداق قىلىۋىدى، سۆڭەكلەر بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەت-گۆشلەر پەيدا بولدى. ھالبۇكى، ئۇلار تېخى تىرىك ھالەتتە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەزاكىيالغا: «شامالغا، بۇ سۆڭەكلەر ئۈستىگە پۈۋلىگىن، دەپ بېشارەت قىلغىن» دەپ ئېيتىلدى. شۇنداق قىلىپ سۆڭەكلەر تىرىلدى. ئاندىن ئەزاكىيالغا «ئىنسان ئوغلى، بۇ سۆڭەكلەر پۈتكۈل ئىسرائىل جەمەتىدۇر...» دېيىلدى. شۇنىڭدەك، ئىسرائىلنىڭ يەنە ئەل-دۆلەت بولۇشقا «تىرىلىشى» ئىككى باسقۇچتا بولىدۇ: ــ (ئا) ئىسرائىللارنى ئۆز زېمىنىغا قايتۇرۇش؛ (ئە) ئۇلار ئىچىگە روھىي ھاياتنى پۈۋلەش. بىرىنچى باسقۇچ، يەنى ئىسرائىللار ئۆز زېمىنىغا قايتۇرۇلۇشى ئاللىقاچان باشلانغان. ئىسرائىلنىڭ چېدىرگاھىدا ئۇلارنى ئويغىتىپ يىغىلىشقا ئىشلەتكەن كانايلاردەك، «كاناي چېلىش ھېيتى» ئۇلارنى روھىدا ئويغىتىپ يىغىشنى بىلدۈرەمدۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، ئۆتكەن 20-30 يىل ئىچىدە، مەسىھ ئەيسانى ئۆز قۇتقۇزغۇچىم دەپ ئېتىراپ قىلغان يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى 1500 يىل تارىخىدا ئويغىنىپ ئىشەنگەن يەھۇدىيلاردىن كۆپ بولدى.

## (ج) «كافارەت كۈنى»

«ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» مەسىھنىڭ كرېستلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر ھېيت كۈنى شۇ ئىشنى بىلدۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئوقۇرمەنلەر بەلكىم شۇنى بايقىغاندۇكى، بۇ ئىككى ھېيتنىڭ بىر پەرقى شۇكى، «كافارەت كۈنى»دە خۇدانىڭ خەلقى «ئۆز نەپسىنى تارتىپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش»ى كېرەك ئىدى. تارىختا ئادەمنى ئەڭ ھەيران قىلىدىغان پاكىتلاردىن بىرى شۇكى، ئىسرائىل مەسىھ توغرۇلۇق شۇنچە ئېنىق بېشارەتلەرگە ئىگە بولغىنى بىلەن، ئۇنى تونۇپ يەتمەي ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى چەتكە قېقىپ ئۆلۈم جازاسىغا تاپشۇرغانىدى. تەۋراتتا ھەتتا بۇ ئىشنىڭ ئۆزىمۇ بېشارەت قىلىنىدۇ ۋە ئۇنى ئالدىنئالا سۈرەتلەيدىغان بىرنەچچە تارىخىي تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ: (ئا) ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ تارىخى («يار.» 37-45-بابلار)، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تارىخى («مىس.» 2-4-بابلار)، داۋۇت پادىشاھنىڭ تارىخى («سامۇئىل (1)» 16-باب-«سامۇئىل (2)» 5:5). خۇدا تەرىپىدىن ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇشنى بېكىتكەن بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل تەرىپىدىن ئاۋۋال چەتكە قېقىلغانىدى؛ پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندىلا ئاندىن ئۇلار مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ھەربىرىنى ئۆز تەرتىپىدە يېتەكچىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز دەپ ئېتىراپ قىلغان. «قان.» 15:33-21، «زەبۇر» 22-كۈي، «يەش.» 53-بابنىمۇ كۆرۈڭ.

ھالبۇكى،ئىسرائىلنىڭ ئۆز گۇناھكار ھالىتىنى تونۇپ يېتىپ،خۇدا بىزلەرنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتكەن نىجاتكارنى رەت قىلدۇق دەپ ئىقرار قىلىدىغان ئۇلۇغ بىر كۈنى كېلىدۇ! ئاشۇ كۈنى رەببىمىزنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرى ئۇلارنىڭكى بولىدۇ. ئۇلار خۇدا ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتكەن مەسىھنى چەتكە قاققانلىقىغا ئويغىتىلىپ قاتتىق يىغا-زارلار كۆتۈرىدۇ. «زەك.» 1:13-10:12، «ئاموس» 10:8نى كۆرۈڭ. مۇقەددەس روھتىن كەلگەن بۇ ۋەھىيگە ئاساسەن زەكەرىيا پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ: ــ

«شۇ كۈنى داۋۇت جەمەتى ھەم يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن گۇناھنى ۋە پاسكىنىلىقنى يۇيىدىغان بىر بۇلاق ئېچىلىدۇ».

يەشايا پەيغەمبەر: ــ «كىمنىڭ مۇشۇنداق ئىش توغرۇلۇق خەۋىرى باردۇ؟

كىم مۇشۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ باققان؟
زېمىن بىر ئەلنى بىر كۈن ئىچىدىلا تۇغىدىغان ئىش بارمۇ؟
دەقىقە ئىچىدىلا بىر ئەلنىڭ تۇغۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟
چۈنكى زىئوننىڭ تولغىقىنى باشاي دېيىشىگىلا، ئۇ ئوغۇل بالىلىرىنى تۇغدى!» (8:66)

روسۇل پاۋلۇس: «ئاندىن پۈتۈن ئىسرائىل قۇتقۇزۇلىدۇ. بۇ توغرۇلۇق مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان: ــ
«قۇتقۇزغۇچى زىئوندىن كېلىپ،
ياقۇپنىڭ ئەۋلادىدىن ئىپلاسلىقنى يوق قىلىدۇ.
مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكىنىمدە،
مانا بۇ ئۇلار بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم بولىدۇ» دەپ بايان قىلىدۇ («رىم.» 26:11)

پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى روھىي ئەل بولۇشقا بىر كۈندىلا ئويغىنىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرۈلۈپ تۇغۇلىدۇ.

## (چ) «كەپىلەر ھېيتى»

«كەپىلەر ھېيتى» بارلىق ھېيتلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داغدۇغىلىق بولىدىغان، يۇقىرى پەللىگە چىقىدىغان ھېيت بولۇپ، سەككىز كۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىغىم پەسلىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، بارلىق ھوسۇلنى، دان ۋە مېۋە ھوسۇللىرىنى تەبرىكلەيدۇ؛ شۇڭلىدەك ئۇ يەنە مۇشۇ ئاخىرقى زاماندىكى روھىي ھوسۇلغا تەمسىل بولىدۇ. ئىسرائىل بۇ ھېيتتا ئۆز ھوسۇللىرىدىن شاد-خۇرام قىلغىنىدەك، خۇدا ۋە ئۆزىگە تەۋە بولغان بارلىق ئىنسانلار مەسىھنىڭ («ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دا بىلدۈرۈلگەن) ئۆلۈمىدىن بولغان روھىي ھوسۇلدىن شاد-خۇرام بولىدۇ. «كەپىلەر ھېيتى» يەنە ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن بىرىنچى قېتىملىق ئازاد بولۇشىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئىسرائىلغا دەرەخلەرنىڭ شاخ-چىۋىقلىرىدىن ئۆزلىرىگە ئاددىي چېدىر-كەپىلەرنى ياساش بۇيرۇلىدۇ. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ مىسىردىن چىقىپ چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ ماڭغىنىدا چېدىر-كەپىلەردە تۇرۇشى كېرەك بولغانلىقى توغرۇلۇق بىر ئەسلەتمە بولۇش ئۈچۈن

ئىدى. غەلىتە بىر ئىش شۇكى، ئىسرائىل يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ نەھەمىيانىڭ دەۋرىگىچە ھېيتنىڭ شۇ تەرىپىنى ساقلاپ كەلمىگەندى («نەھ.» 17:8). سەۋەب شۈبھىسىزكى، سەككىز كۈن بىر چېدىردا تۇرۇش ئانچە «قولايلىق» ياكى «راھەتلىك» ئەمەس ئىدى.

بۇ ھېيت توغرۇلۇق خۇلاسىمىز شۇكى، ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال خۇدانىڭ («ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دا تەبرىكلەنگەن) مەسىھنىڭ ئۆلۈمىدىكى «ئىنسانلار بىلەن ماكان تۇتۇش» دېگەن تولۇپ مەقسىتىنى كۆرسىتىدۇ («2پېت.» 13:3، «ۋەھ.» 3:21؛ يەنە «يۇھ.» 14:1 ۋە ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈڭ). «كەپىلەر ھېيتى» بولسا ھەم مەسىھنىڭ يەر يۈزىنى باشقۇرىدىغان مىڭ يىللىق پادىشاھلىقىنى ھەم شۇنىڭدىن يىراق كەلگۈسىدىكى يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىندىكى ئاخىرقى ۋە تولۇق «ئىنسانلار بىلەن بىللە ماكانلىشىمەن» دېگەن مەقسىتىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق پادىشاھلىقىغا كەلسەك، شۇنىڭ بېشىدا ئىسرائىل ئاللىقاچان نىجات تاپىدۇ («زەك.» 3:14-20) ۋە مەسىھ ئەللەرنىڭ ئۈستىگە ئىسرائىل ئارقىلىق ھۆكۈمران بولىدۇ («يەش.» 1:2-4، «ۋەھ.» 6:20-11:19). شۇ ۋاقىتتا بارلىق يەر يۈزىدىكىلەر ھەر يىلى «كەپىلەر ھېيتى»نى تەبرىكلەشكە يېرۇسالېمغا چىقىشى كېرەك بولىدۇ. «زەك.» 16:14-21نى كۆرۈڭ.

بۇ ئىشلار توغرىسىدا يەنە توختىلىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىمىز بار ئىدى؛ پەيت-پۇرسەت يار بەرسە، شۇلارنى بەجا كەلتۈرىمىز!

## تەۋرات 4-قىسىم

# «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر»

## («نوپۇس سانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

## كىرىش سۆز

تەۋراتنىڭ كۆپ تەرجىمىلىرىدە، مەسىلەن كونا گرېكچە (LXX-تەرجىمە)، ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە تەرجىمىلەردە مەزكۇر كىتاب «نوپۇس سانى» دەپ ئاتىلىدۇ. سەۋەبى، كىتابتا ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئىككى قېتىملىق ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ رويخەتكە ئېلىنغانلىقى خاتىرىلىنىدۇ ــ بىرىنچى قېتىمكى رويخەت ئۇلارنىڭ چۆل-باياۋاندىن ئۆتىدىغان سەپەرنىڭ بېشىدا، ئىككىنچى قېتىملىقى 38 يىلدىن كېيىن، شۇ سەپەرنىڭ ئاخىرىدا بولدى. ئەمما كىتابنىڭ ئاساسىي تېمىسى شۇ ئوتتۇز سەككىز يىل چۆل-باياۋاندىن ئۆتىدىغان سەرگەردانلىق سەپەر بولغاچقا، بىز ئۇنى «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» دەپ ئاتىدۇق.

نېمىشقا ئىسرائىل خەلقى شۇنداق ئۇزۇن ۋاقىتنى چۆل-باياۋاندا ئۆتكۈزگەندۇ؟ تەۋراتتىكى «قانۇن شەرھى»نىڭ بېشىدا: «ھورەب تېغىدىن چىقىپ، سېئىر تېغىنىڭ يولى بىلەن قادەش-بارنېئاغا بارغۇچە جەمئىي ئون بىر كۈنلۈك يول ئىدى» دەپ خەۋەرلىنىمىز. ئەمدى خۇدانىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن مىسىرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، شۇ يەردىن چىقىپ «سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ

تۇردىغان» قانائان زېمىنىغا يېتىپ بېرىشقا ئون بىر كۈن كېتىدىغان سەپەرگە نېمىشقا ئاخىرىدا ئوتتۇز سەككىز يىل ۋاقىت كېرەك بولدى؟ مەزكۇر كىتاب شۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ.

دەرۋەقە خۇدانىڭ ئەسلىدىكى مەقسىتى ئىسرائىللارنى قانائان زېمىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا چۆل-باياۋاندىكى سەپەرنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنى تېتىتىش ئىدى. سەۋەبى تەۋراتنىڭ بەشىنچى قىسمىدا بىرقەدەر ئېنىق بايان قىلىنىغان: — «دەرۋەقە ئۇ سېنى تۆۋەن قىلىپ، سېنى ئاچ قويۇپ، سەن ئەسلىدە بىلمەيدىغان، شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلىرىڭ كۆرۈپ باقمىغان «ماننا» بىلەن ئوزۇقلاندۇرغان؛ ئۇ ساڭا ئىنسان پەقەت يېمەكلىك بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان بارلىق سۆزلىرى بىلەنمۇ ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى» («قان.» 3:8). ھالبۇكى، خۇدانىڭ ئەسلىدە شۇ سەپەرگە بېكىتكەن مۆھلىتى پەقەت بىر يىل ئىككى ئايچە ئىدى. بۇ ۋاقىتنىڭ بىر قىسمى سىناي تېغىدا مۇقەددەس قانۇننى تاپشۇرۇۋېلىش، «ئىبادەت چېدىرى» ياساپ تىكىش ۋە لاۋىي-كاھىنلارنىڭ روھىي خىزمىتىنى باشلاش بىلەن ئۆتتى («مىسىردىن چىقىش» 19-40-باب، «كاھىن-لاۋىيلار»). شۇ مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، گەرچە ئۇلار سەپەر جەريانىدا خۇدانىڭ ئاجايىب ۋە مۆجىزىلىك تەمىنلەشلىرىنى كۆپ كۆرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۆزى ۋەدە قىلغان قانائان زېمىنىنىڭ چېگراسىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار قورقۇنچ ۋە ئىشەنچسىزلىك بىلەن زېمىنغا كىرىشتىن باش تارتقان. ئۇلار ھەتتا خۇدا بىزنى مۇشۇ يەرگە ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئەكەلگەن، دەپ قاقشىشىپ مۇسا ۋە ھارۇنغا: «ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز!» — دەپ تەھدىت سالدى.

خۇدا ئۇلارغا تاپشۇرغان قانۇن-تۈزۈم تولىمۇ يېقىشلىق ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇ ئۇلارنىڭ ئەل بولۇپ تۈغۈلۈشىنىڭ بېشىدا، ئۇلارنىڭ كەم-كۈتىلىرىگە خېلى رەھىمدىل بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مىننەتدار بولۇپ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار شۇ ئىشنى قىلمىدى. پەرۋەردىگار ئۇلارغا: — «سىلەردىن ماڭا ئاسىيلىق قىلغان چوڭلار (شۇ ۋاقىتتا يىگىرمە ياشتىن ئاشقانلار)نىڭ ھەربىرى ئۆلۈپ تۈگەپ، زېمىنغا كىرىشكە تەييار بولغان يېڭى بىر دەۋر كەلگۈچە چۆل-باياۋاندا يۈرىسىلەر» دېدى. دەرۋەقە خۇدا ئۇلارنى شۇنداق جازالىدى. شۇ مەزگىل ئوتتۇز

سەككىز يىل ئىدى؛ ئۇلار جەمئىي بولۇپ قىرىق يىل چۆل-باياۋاندا يۈردى. سەپەرنىڭ ئاخىرىدا ئاسىيلىق قىلغان ئىلگىرىكى دەۋردىكىلەرنىڭ ھەربىرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئىككىنچى قېتىملىق رويخەت بىلەن ئىسپاتلاندى؛ شۈبھىسىزكى، رويخەتكە ئېلىشنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرى خۇدانىڭ شۇ ھۆكۈمىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ ئىلگىرىكى دەۋردىكىلەردىن پەقەت ئىككى ئادەم، يەنى كالەب ۋە يەشۇئا خۇداغا سادىق دەپ ھېسابلانغاچقا، يېڭى زېمىننى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى (مۇسا پەيغەمبەر بىر قېتىملىقلا پەرۋەردىگارغا ئىشەنمىگىنى ئۈچۈن، خەلققە ساۋاق بولسۇن دەپ، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا «زېمىنغا كىرمەيسەن» دېگەنىدى).

بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابنىڭ ئىسرائىل خەلقىنىڭ شۈكۈرسىزلىك، ئىشەنچسىزلىك ۋە ئاسىيلىقىنىڭ تارىخى ئىكەنلىكىنى روشەن بايقايدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز مۇشۇ ئىشلار ئۈستىدە تەپسىلىيرەك توختىلىمىز.

بىرىنچى رويخەتتىن شۇ مەلۇمكى، مىسىردىن چىققان چاغدا خەلقتىن يىگىرمە ياشتىن ئاشقان ئەركەكلەرنىڭ سانى ئالتە يۈز مىڭدىن كۆپ ئىدى. شۇنداقلا قىرىق يىلدىن كېيىنكى ئىككىنچى رويخەتتىمۇ قانائان زېمىنغا كىرىشكە تەييار تۇرغان ئەركەكلەرنىڭ سانى شۇنىڭغا يېقىن ئىدى. بۇنىڭدىن خەلقنىڭ پۈتكۈل نوپۇس سانى، جۈملىدىن بارلىق بالا-چاقىلىرى ئىككى مىليوندىن كەم ئەمەس ئىدى، دەپ مۆلچەرلىسەك خاتا بولمايدۇ. دەۋردىن دەۋرگە كاپىرلار مۇشۇ سانلارغا قاراپ، شۇنچە كۆپ كىشىلەر شۇنداق دەھشەتلىك جاڭگالدا، ھەتتا گۈل-گىياھ ئۈنمىگەن سۇسىز بىر چۆل-باياۋاندا قىرىق يىللىق سەپەردىن تىرىك چىقىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ مەسخىرە قىلىپ كەلدى. خۇدا خەلقنى ھەركۈنى مۆجىزىلىك يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيتتى («مىسىردىن چىقىش» 16-باب) ۋە بىرنەچچە يەرلەردە ئۇلارغا كارامەت يوللار بىلەن سۇ ئاتا قىلدى («مىسىردىن چىقىش» 17:1-7، «چۆل.» 13-1:20). بۇنداق قىرىق يىللىق تەمىنلەش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىدا بەلكىم ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىتلىق مۆجىزە دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك؛ ئەمما بىز خۇدانىڭ ھەقىقەتەن ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچى خۇدا ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تەس ئىش ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمىز!

# مەزمۇن: -

1:1-10:10 سناي تېغىدا – قانۇننىڭ ئەمر-بەلگىلىمىلىرى تاپشۇرۇلىدۇ (19 كۈن)

خەلق رويخەتكە ئېلىنىدۇ

بارگاھنىڭ تەرتىپى ۋە پاكلىقى

11:10-16:12 سەپەرلەر – سىناي تېغىدىن قادەشكىچە (11 كۈن)

1:13-21:20 قادەشتە – قانۇننىڭ يەنە بىرنەچچە ئەمر-بەلگىلىمىلىرى تاپشۇرۇلىدۇ (ۋاقتى نامەلۇم)

خەلقنىڭ ئاسىيلىقى، خۇدا جازالىرىنى جاكارلايدۇ

22:20-35:21 سەپەرلەر – قادەشتىن موئابقىچە (38 يىل)

1:22-13:36 قانۇننىڭ يەنە بىرنەچچە ئەمر-بەلگىلىمىلىرى تاپشۇرۇلىدۇ (3 ئاي)

خەلق ئىككىنچى قېتىم رويخەتكە ئېلىنىدۇ

زېمىننى بۆلۈپ تەقسىملەش توغرۇلۇق كۆرسەتمىلەر

# چۆل-باياۋاندىكى سەپەر

## ئىسرائىل خەلقىنىڭ بىرىنچى قېتىم رويخەتكە ئېلىنىشى

1 [1] ۋە ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن ئىككىنچى يىلى
ئىككىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى پەرۋەردىگار سىناي چۆلىدە،
جامائەت چېدىرىدا تۇرۇپ مۇساغا مۇنداق دېدى: —
[2] سىلەر پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتىنى قەبىلىسى، ئاتا جەمەتى
بويىچە سانىنى ئېلىپ چىقىڭلار؛ ئادەملەرنىڭ ئىسمى ئاساس
قىلىنىپ، بارلىق ئەركەكلەر تىزىملانسۇن. [3] ئىسرائىللار ئىچىدە
ئومۇمەن يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنى هارۇن
بىلەن ئىككىڭلار ئۇلارنىڭ قوشۇن-قىسىملىرى بويىچە ساناقتىن
ئۆتكۈزۈڭلار. [4] هەربىر قەبىلىدىن سىلەرگە ياردەملىشىدىغان
بىردىن كىشى بولسۇن؛ ئۇلارنىڭ هەربىرى ئۇلارنىڭ ئاتا جەمەتىنىڭ
بېشى بولىدۇ. [5] تۆۋەندىكىلەر سىلەرگە ياردەملىشىدىغانلارنىڭ
ئىسىملىكى: — رۇبەن قەبىلىسىدىن شىدۆرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇر؛
[6] شىمېئون قەبىلىسىدىن زۇرى-شادداينىڭ ئوغلى شېلۇمىيەل؛
[7] يەهۇدا قەبىلىسىدىن ئاممىنادابنىڭ ئوغلى ناهشون؛ [8] ئىسساكار
قەبىلىسىدىن زۇئارنىڭ ئوغلى نەتانەل؛ [9] زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن
هېلوننىڭ ئوغلى ئېلىئاب؛ [10] يۈسۈپ ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئەفرائىم
قەبىلىسىدىن ئاممىهۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما؛ ماناسسەه

---

1:1 **«ۋە ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن ...»** — «ۋە» دېگەن بۇ سۆز «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» دېگەن كىتابنىڭ «كاهىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» ۋە «مىسىردىن چىقىش» دېگەن كىتابلار بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «مىسىردىن چىقىش» 40-باب، 1- ۋە 38-ئايەتنى كۆرۈڭ. مەزكۇر كىتاب بۇ ئىككى كىتابنىڭ داۋامىدۇر. **«جامائەت چېدىرى»** — ياكى «كۆرۈشۈش چېدىرى». «جامائەت چېدىرى» دېگەن سۆزدە «جامائەت» دېگەنلىك ئىبرانىي تىلىدا «خۇدا بىلەن ئۇچرىشىش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

**2:1** مىس. 12:30

قەبىلىسىدىن پىداھزۇرنىڭ ئوغلى گامالىيەل؛ 11 بىنيامىن
قەبىلىسىدىن گىدېئوننىڭ ئوغلى ئابىدان؛ 12 دان قەبىلىسىدىن
ئامىشاددايىنىڭ ئوغلى ئاھىئېزەر؛ 13 ئاشىر قەبىلىسىدىن ئوكراننىڭ
ئوغلى پاگىيەل؛ 14 گاد قەبىلىسىدىن دېئۇئەلنىڭ ئوغلى ئەلىئاساف؛
15 نافتالى قەبىلىسىدىن ئېناننىڭ ئوغلى ئاھىرا».
16 بۇلار جامائەت ئىچىدىن چاقىرىلغانلار، يەنى ئاتا جەمەت-
قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مىڭلىغان ئىسرائىللارنىڭ باش
سەردارلىرى ئىدى. 17 شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن ھارۇن ئىسمى ئاتالغان
بۇ كىشىلەرنى باشلاپ، 18 ئىككىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى پۈتكۈل
جامائەتنى يىغدى؛ ئۇلار خەلقنىڭ ھەربىرىنىڭ قەبىلە-نەسەبى،
ئاتا جەمەتى بويىچە ئىسمىنى ئاساس قىلىپ، يىگىرمە ياشتىن
يۇقىرىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ تىزىملىدى. 19 پەرۋەردىگار
مۇساغا قانداق بۇيرۇغان بولسا، مۇسا سىناي چۆلىدە ئۇلارنى شۇنداق
ساناقتىن ئۆتكۈزدى.
20 ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەننىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى،
ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن
ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ
تىزىملاندى؛ 21 رۇبەن قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر
جەمئىي قىرىق ئالتە مىڭ بەش يۈز كىشى بولدى.
22 شىمېئوننىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى
ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغان
ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 23 شىمېئون
قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئەللىك توققۇز
مىڭ ئۈچ يۈز كىشى بولدى.

---

16:1 **«جامائەت ئىچىدىن چاقىرىلغان»** — دېمەك، خۇدا تەرىپىدىن. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «جامائەت تەرىپىدىن سايلانغان».

21:1 **«مىڭ»** — بەزى ئالىملار ئىبرانىي تىلىدىكى «مىڭ» دېگەن سۆزنى «جەمەت» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. لېكىن ئۇنداق تەرجىمە مەزكۇر كىتابنىڭ كۆپ يەرلىرىگە زىت كېلىشى مۇمكىن

24 گادنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 25 گاد قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي قىرىق بەش مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك كىشى بولدى.

26 يەھۇدانىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 27 يەھۇدا قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي يەتمىش تۆت مىڭ ئالتە يۈز كىشى بولدى.

28 ئىسساكارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 29 ئىسساكار قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئەللىك تۆت مىڭ تۆت يۈز كىشى بولدى.

30 زەبۇلۇننىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 31 زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئەللىك يەتتە مىڭ تۆت يۈز كىشى بولدى.

32 يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى: — ئۇنىڭ ئوغلى ئەفرائىمنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 33 ئەفرائىم قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي قىرىق مىڭ بەش يۈز كىشى بولدى.

34 يۈسۈپنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ماناسسەھنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 35 ماناسسەھ قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر

جەمئىي ئوتتۇز ئىككى مىڭ ئىككى يۈز كىشى بولدى.
36 بىنيامىننىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە،
ئىسمى ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە
چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 37 بىنيامىن
قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئوتتۇز بەش مىڭ
تۆت يۈز كىشى بولدى.
38 داننىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى ئاساس
قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنىڭ
ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 39 دان قەبىلىسىدىن ساناقتىن
ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئاتمىش ئىككى مىڭ يەتتە يۈز كىشى
بولدى.
40 ئاشىرنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە، ئىسمى ئاساس
قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنىڭ
ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 41 ئاشىر قەبىلىسىدىن ساناقتىن
ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي قىرىق بىر مىڭ بەش يۈز كىشى بولدى.
42 نافتالىنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە،
ئىسمى ئاساس قىلىنىپ، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، جەڭگە
چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ تىزىملاندى؛ 43 نافتالى
قەبىلىسىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئەللىك ئۈچ مىڭ
تۆت يۈز كىشى بولدى.
44 يۇقىرىقىلار بولسا ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر بولۇپ، مۇسا بىلەن
ھارۇن ھەم ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى ئەمىرى (ھەربىرى ئۆز ئاتا
جەمەتىگە ۋەكىل بولدى) ئۇلارنى ساناقتىن ئۆتكەزگەن. 45 شۇنداق
قىلىپ، ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى، يەنى ئىسرائىلدا يىگىرمە
ياشتىن ئاشقانلاردىن، جەڭگە چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاتا
جەمەتلىرى بويىچە تىزىملاندى؛ 46 ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي
ئالتە يۈز ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئەللىك كىشى بولدى.

**46:1** مىس. 26:38

## لاۋىيلارنىڭ ھېسابقا كىرگۈزۈلمىگەنلىكى

47 بىراق لاۋىيلار ئاتا جەمەت-قەبىلىسى بويىچە ساناقنىڭ ئىچىگە
كىرگۈزۈلمىدى.
48 چۈنكى پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: — 49 «سەن پەقەت لاۋىي
قەبىلىسىنىلا شۇ ھېسابقا كىرگۈزمىگىن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىمۇ
ئىسرائىللارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزمىگىن. 50 لېكىن سەن لاۋىيلارنى
خۇدانىڭ ھۆكۈم-گۇۋاھلىقى ساقلاقلىق چېدىر ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى
بارلىق قاچا-قۇچا ئەسۋابلارنى ھەم ئۇنىڭغا دائىر بارلىق نەرسىلەرنى
باشقۇرۇشقا تەيىنلىگىن؛ ئۇلار ئىبادەت چېدىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى
بارلىق قاچا-قۇچا ئەسۋابلارنى كۆتۈرىدۇ؛ ئىبادەت چېدىرىنىڭ
خىزمىتىنى قىلغۇچىلار شۇلار بولسۇن، ئۇلار چېدىرنىڭ تۆت ئەتراپىدا
ئۆز چېدىرلىرىنى تىكسۇن. 51 چېدىرنى كۆچۈرىدىغان چاغدا ئۇنى لاۋىيلار
سۆكسۇن؛ چېدىرنى تىكىدىغان چاغدا ئۇنى لاۋىيلار تىكسۇن؛ لاۋىيلارغا
يات بولغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا ئۆلۈمگە مەھكۇم
قىلىنسۇن. 52 ئىسرائىللار بارگاھ قۇرغاندا ھەر ئادەم ئۆز قىسمىدا، ئۆزىگە
خاس تۇغ ئاستىغا چېدىر تىكسۇن. 53 بىراق خۇدانىڭ غەزىپى ئىسرائىل
جامائىتىنىڭ ئۈستىگە چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، لاۋىيلار خۇدانىڭ ھۆكۈم-
گۇۋاھلىقى ساقلاقلىق چېدىرنىڭ تۆت ئەتراپىغا بارگاھ قۇرسۇن؛ لاۋىيلار
خۇدانىڭ ھۆكۈم-گۇۋاھلىقى ساقلاقلىق چېدىرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا
مەسئۇل بولىدۇ» — دېگەنىدى.
54 ئىسرائىللار ئەنە شۇنداق قىلدى؛ پەرۋەردىگار مۇساغا قانداق
بۇيرۇغان بولسا، ئۇلار شۇنداق قىلدى.

---

49:1 **«سەن پەقەت لاۋىي قەبىلىسىنىلا شۇ ھېسابقا كىرگۈزمىگىن»** — كېيىن مۇسا ئۇلارنى ئايرىم ساناقتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى (32:26).

50:1 **«خۇدانىڭ ھۆكۈم-گۇۋاھلىقى ساقلاقلىق چېدىر»** — «ئىبادەت چېدىرى»نىڭ باشقا بىر نامى. «گۇۋاھلىق» ياكى «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق» بولسا خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان تۈپ ئەمرلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان ئەھدىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ خۇدانىڭ مۇقەددەس ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى شۇ ئەمرلەردە ئايان قىلىنغاچقا، «ھۆكۈم-گۇۋاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

52:1 **«تۇغ»** — مۇشۇ يەردە بەلكىم ھەر قەبىلىنىڭ ئۆز تۇغىنى كۆرسىتىدۇ (2:2نى كۆرۈڭ).

## ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بارگاھ قۇرۇش تەرتىپى ۋە ئورنى

2 1 پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا مۇنداق دېدى: ــ
2 ئىسرائىللار ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇغى ئاستىغا، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا
جەمەتىنىڭ بايرىقى ئاستىدا چېدىر تىكسۇن؛ جامائەت چېدىرىنىڭ
تۆت ئەتراپىدىن سەل يىراقراق بارگاھ قۇرسۇن.
3 كۈن چىقىش تەرەپكە، شەرق تەرەپكە قارىتىپ ئۆز تۇغى ئاستىدا
قوشۇن-قىسمى بويىچە بارگاھ قۇرىدىغىنى يەھۇدابولسۇن؛
يەھۇدالارنىڭ ئەمىرى ئاممىنادابنىڭ ئوغلى ناھشون بولسۇن. 4 ئۇنىڭ
قوشۇنى، يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي يەتمىش تۆت
مىڭ ئالتە يۈز كىشى. 5 ئۇنىڭ يېنىدا بارگاھ قۇرىدىغىنى ئىسساكار
قەبىلىسى بولسۇن؛ ئىسساكارلارنىڭ ئەمىرى زۇئارنىڭ ئوغلى نەتانەل
بولسۇن. 6 ئۇنىڭ قوشۇنى، يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي
ئەللىك تۆت مىڭ تۆت يۈز كىشى. 7 ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە زەبۇلۇن
قەبىلىسى بولسۇن؛ زەبۇلۇنلارنىڭ ئەمىرى ھېلوننىڭ ئوغلى ئېلىئاب
بولسۇن. 8 ئۇنىڭ قوشۇنى، يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي
ئەللىك يەتتە مىڭ تۆت يۈز كىشى. 9 ئومۇمەن يەھۇدا بارگاھىغا
قارايدىغانلارنىڭ ھەممىسى، يەنى قوشۇن-قىسىملىرى بويىچە
ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي بىر يۈز سەكسەن ئالتە مىڭ تۆت
يۈز كىشى؛ ئۇلار ئالدى بىلەن يولغا چىقسۇن.
10 ــ جەنۇب تەرەپتە، تۇغ تىكلەپ، قوشۇن تەرتىپى بىلەن بارگاھ
قۇرىدىغىنى رۇبەن قەبىلىسى بولسۇن؛ رۇبەنلارنىڭ ئەمىرى
شىدۇرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇر بولسۇن. 11 ئۇنىڭ قوشۇنى، يەنى ساناقتىن
ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي قىرىق ئالتە مىڭ بەش يۈز كىشى. 12 ئۇنىڭ
يېنىدا بارگاھ قۇرىدىغىنى شىمېئون قەبىلىسى بولسۇن؛
شىمېئونلارنىڭ ئەمىرى زۇرى-شادداينىڭ ئوغلى شېلۇمىيەل بولسۇن.
13 ئۇنىڭ قوشۇنى، يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئەللىك
توققۇز مىڭ ئۈچ يۈز كىشى. 14 ئۇلارنىڭ يېنىدا گاد قەبىلىسى بولسۇن؛

گادلارنىڭ ئەمىرى دېئۇئەلنىڭ ئوغلى ئەلىئاساف بولسۇن. [15] ئۇنىڭ
قوشۇنى، يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي قىرىق بەش
مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك كىشى. [16] رۇبەن بارگاھىغا قارايدىغانلارنىڭ
ھەممىسى، يەنى قوشۇنى بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي
بىر يۈز ئەللىك بىر مىڭ تۆت يۈز ئەللىك كىشى؛ ئۇلار ئىككىنچى
سەپ بولۇپ يولغا چىقسۇن.
[17] ئاندىن جامائەت چېدىرى بىلەن لاۋىيلارنىڭ بارگاھى باشقا
بارگاھلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭسۇن؛ ئۇلار قانداق بارگاھ قۇرغان
بولسا، شۇنداق يولغا چىقسۇن؛ ھەر قايسىسى ئۆز ئورنىدا ئۆز تۇغى
ئاستىدا بولسۇن.
[18] – كۈن پېتىش تەرەپتە، تۇغ تىكلەپ، قوشۇن تەرتىپى بىلەن
بارگاھ قۇرىدىغىنى ئەفرائىم قەبىلىسى بولسۇن؛ ئەفرائىملارنىڭ
ئەمىرى ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما بولسۇن. [19] ئۇنىڭ قوشۇنى،
يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي قىرىق مىڭ بەش يۈز
كىشى. [20] ئۇنىڭ يېنىدا بارگاھ قۇرىدىغىنى ماناسسەھ قەبىلىسى
بولسۇن؛ ماناسسەھلەرنىڭ ئەمىرى پىداھزۇرنىڭ ئوغلى گامالىيەل
بولسۇن. [21] ئۇنىڭ قوشۇنى، يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي
ئوتتۇز ئىككى مىڭ ئىككى يۈز كىشى. [22] ئۇلارنىڭ يېنىدا بىنيامىن
قەبىلىسى بولسۇن؛ بىنيامىنلارنىڭ ئەمىرى گىدېئونىنىڭ ئوغلى
ئابىدان بولسۇن. [23] ئۇنىڭ قوشۇنى، يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر
جەمئىي ئوتتۇز بەش مىڭ تۆت يۈز كىشى. [24] ئومۇمەن ئەفرائىم
بارگاھىغا قارايدىغانلارنىڭ ھەممىسى، يەنى قوشۇن قىسىملىرى
بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي بىر يۈز سەككىز مىڭ بىر
يۈز كىشى؛ ئۇلار ئۈچىنچى سەپ بولۇپ يولغا چىقسۇن.
[25] – شىمال تەرەپتە، تۇغ تىكلەپ، قوشۇن تەرتىپى بىلەن
بارگاھ قۇرىدىغىنى دان قەبىلىسى بولسۇن. دانلارنىڭ ئەمىرى
ئاممىشاددايىنىڭ ئوغلى ئاھىئېزەر بولسۇن. [26] ئۇنىڭ قوشۇنى، يەنى

14:2 **«دېئۇئەل»** ــ ياكى «رېئۇئەل».

ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئاتمىش ئىككى مىڭ يەتتە يۈز
كىشى. [27] ئۇنىڭ يېنىدا بارگاھ قۇرىدىغىنى ئاشىر قەبىلىسى بولسۇن؛
ئاشىرلارنىڭ ئەمىرى ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىيەل بولسۇن. [28] ئۇنىڭ
قوشۇنى، يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي قىرىق بىر مىڭ
بەش يۈز كىشى. [29] ئۇلارنىڭ يېنىدا نافتالى قەبىلىسى بولسۇن؛
نافتالىلارنىڭ ئەمىرى ئېناننىڭ ئوغلى ئاھىرا بولسۇن. [30] ئۇنىڭ
قوشۇنى، يەنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئەللىك ئۈچ مىڭ
تۆت يۈز كىشى. [31] دان بارگاھىغا قارايدىغانلارنىڭ ھەممىسى، يەنى
قوشۇن-قىسىملىرى بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي بىر
يۈز ئەللىك يەتتە مىڭ ئالتە يۈز كىشى؛ ئۇلار ئۆز تۇغلىرى ئاستىدا
ھەممىنىڭ كەينىدە يولغا چىقسۇن.
[32] يۇقىرىدىكىلەر ئۆز ئاتا جەمەتى بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن
ئىسرائىللاردۇر؛ قوشۇن-قىسىملىرى بويىچە بارگاھلاردا ساناقتىن
ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئالتە يۈز ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئەللىك كىشى
بولدى. [33] بىراق لاۋىيلارلا، پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى
بويىچە، ئىسرائىللار قاتارىدا ساناقتىن ئۆتكۈزۈلمىدى.
[34] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان بارلىق ئەمرى بويىچە
ئىش تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇغى بويىچە بارگاھ قۇراتتى؛ ئۇلار ئۆز
قەبىلىسى ۋە ئاتا جەمەتى تەرتىپى بويىچە يولغا چىقاتتى.

## ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى

3 [1] پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا مۇسا بىلەن سۆزلەشكەن كۈنلەردە،
ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت
ئىدى. [2] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى مۇنداق: تۇنجى ئوغلىنىڭ

---

**2:32** مىس. 38:26؛ چۆل. 1:46

**2:33** چۆل. 1:48، 49

**3:1** **«كۈنلەردە»** ــ ئىبرانىي تىلدا «كۈندە».

ئىسمى ناداب ئىدى، ئۇنىڭ يەنە ئابىھۇ، ئەلئازار، ئىتامار دېگەن
ئوغۇللىرى بار ئىدى. 3 ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى ئەنە شۇنداق
ئىدى، ئۇلار مەسىھلەنگەن كاھىنلار ئىدى؛ مۇسا ئۇلارنى كاھىنلىق
ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە خۇداغا ئاتاپ ئايرىغانىدى. 4 لېكىن ناداب
بىلەن ئابىھۇ سىناي چۆلىدە غەيرىي بىر ئوتنى پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىغا سۇنغىنى تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگار ئالدىدا ئۆلدى ۋە ئۇلارنىڭ
ھېچ نەسلى قالدۇرۇلمىدى؛ ئەلئازار بىلەن ئىتامار ئۆز ئاتىسى ھارۇن
ئالدىدا كاھىنلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

## لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىسى

5 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: ــ
6 سەن لاۋىي قەبىلىسىنى ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى كاھىن ھارۇننىڭ
خىزمىتىدە بولۇشقا ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر قىل. 7 ئۇلار ھارۇننىڭ
ھاجىتى ۋە پۈتكۈل جامائەتنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ جامائەت
چېدىرىنىڭ ئالدىدا ۋەزىپە ئۆتەپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ خىزمىتىنى
بىجىرسۇن. 8 ئۇلار يەنە جامائەت چېدىرىدىكى بارلىق قاچا-قۇچا
ئەسۋابلارنى باشقۇرۇش بىلەن ئىسرائىللارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ
ۋەزىپە ئۆتەپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىشلىرىنى بىجىرسۇن. 9 سەن
لاۋىيلارنى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەقسىملەپ بەرگىن؛ ئۇلار
ئىسرائىللار ئىچىدىن مەخسۇس ئۇنىڭغا تاللاپ بېرىلگەن. 10 ھارۇن
بىلەن ئوغۇللىرىنى بولسا سەن ئۆزىنىڭ كاھىنلىق ۋەزىپىسىنى
ئۆتەشكە بېكىتكىن؛ ھەرقانداق يات كىشى يېقىنلاشسا ئۆلتۈرۈلسۇن،
ــ دېدى.

---

**2:3** مىس. 23:6

**3:3 «خۇداغا ئاتاپ ئايرىش»** ــ بۇ ئايەتتىكى «خۇداغا ئاتاپ ئايرىش» ئىبرانىي تىلدا «قولغا سېلىش» ياكى «قولنى تولدۇرۇش» بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ. «مىس.» 41:28 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. كاھىنلىق ۋەزىپىسى ئاساسەن خۇدانىڭ قۇربانلىقلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىشى بىلەن باشلىناتتى.

**4:3** لاۋ. 7-1:10؛ چۆل. 61:26؛ 1تار. 2:24

**6:3** چۆل. 9:16؛ 2:18

## لاۋىيلارنىڭ تاللىنىشى

[11] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: —
[12] — قارا، مەن ئىسرائىللار ئىچىدىن لاۋىيلارنى تاللىدىم، ئۇلارنى
ئىسرائىل ئىچىدە بالىياتقۇنىڭ بارلىق تۇنجى مېۋىسىنىڭ ئورنىغا،
يەنى چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئورنىغا قويىمەن، شۇڭا لاۋىيلار مېنىڭ
بولىدۇ. [13] چۈنكى تۇنجى ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى مېنىڭكىدۇر؛ مەن
مىسىر زېمىنىدا تۇنجى تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسىنى قەتل قىلغان
كۈنىدە ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدىكى تۇنجىلارنىڭ ھەممىسىنى، مەيلى
ئادەم بولسۇن ياكى ھايۋان بولسۇن، مۇقەددەس ھېسابلاپ مېنىڭكى
قىلغانىدىم. ئۇلار مېنىڭكىدۇر؛ مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.

## لاۋىيلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى

[14] ئاندىن پەرۋەردىگار سىناي چۆل-باياۋانىدا مۇساغا: —
[15] — سەن لاۋىيلارنى ئاتا جەمەتى، ئائىلىسى بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈز؛
بارلىق ئەركەكلەرنى، يەنى بىر ئايلىقتىن ئاشقانلارنىڭ ھەممىسىنى
ساناقتىن ئۆتكۈز، — دېدى. [16] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ
ئەمرى بويىچە، ئۆزىگە دېيىلگىنىدەك لاۋىيلارنى ساناقتىن ئۆتكۈزدى.
[17] لاۋىينىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى مۇنداق: — گەرشون، كوھات، مە
رارى. [18] گەرشوننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى ئائىلىلىرى بويىچە

---

**12:3 «تۇنجى باللار مېنىڭكىدۇر»** — خۇدا ئەسلىدە ئىسرائىللارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇش يولىدا مىسىرلىقلارنىڭ بارلىق تۇنجى ئوغۇللىرىنى ۋە ھەتتا ھايۋانلارنىڭ تۇنجى باللىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. بىراق ئىسرائىللار «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قوزىسى» («پاسخا قوزا»)نىڭ قېنىنى ئىشىك كېشەكلىرىگە سېپىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ تۇنجى ئوغۇللىرى ۋە ھايۋانلارنىڭ تۇنجى باللىرى شۇ ئاقىۋەتتىن قۇتقۇزۇپ قىلىنغان. خۇدا ئىسرائىللارنىڭ تۇنجىلىرىنى ئالايىتەن قۇتقۇزغان بولغاچقا، ھازىر خەلققە: «تۇنجى باللار مېنىڭكىدۇر» دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئەسلىدە خۇدانىڭ قۇللۇقىدا بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن خۇدا «مەن ئۇلارنىڭ ئورنىغا لاۋىيلارنى قويىمەن» دەپ ئۆز خىزمىتىگە لاۋىيلارنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا قوبۇل قىلدى (13-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

**12:3** مىس. 2:13

**13:3** مىس. 2:13؛ 29:22؛ 19:34؛ لاۋ. 26:27؛ چۆل. 16:8؛ لۇقا 22:2

**17:3** مىس. 16:6، 17، 18؛ چۆل. 57:26؛ 1تار. 1:6، 16؛ 6:23

لىبنى ۋە شىمەي ئىدى. [19]كوھاتنىڭ ئوغۇللىرى ئائىلىلىرى بويىچە ئامرام، ئىزھار، ھېبرون ۋە ئۇززىئەل ئىدى. [20]مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى ئائىلىلىرى بويىچە ماھلى ۋە مۇشى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا جەمەتى بويىچە لاۋىيلارنىڭ جەمەتى بولدى.

[21]گەرشوندىن لىبنىلارنىڭ جەمەتى بىلەن شىمەيلەرنىڭ جەمەتى ۋۇجۇدقا كەلدى؛ بۇلار گەرشونلارنىڭ جەمەتلىرى ئىدى. [22]بارلىق ئەرلەرنىڭ سانىغا ئاساسەن، بىر ئايلىقتىن ئاشقانلىرىنىڭ ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلىرى جەمئىي يەتتە مىڭ بەش يۈز كىشى بولدى. [23]گەرشوننىڭ جەمەتى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدە، يەنى غەرب تەرەپتە بارگاھ قۇردى؛ [24]گەرشون جەمەتىنىڭ ئەمىرى لائەلنىڭ ئوغلى ئەلىئاساف ئىدى. [25]گەرشونلارنىڭ جامائەت چېدىرىدىكى ۋەزىپىسى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۆزىدىكى ئاستىنقى ئىككى ياپقۇچ-پەردە، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يوپۇق ۋە جامائەت چېدىرىنىڭ ئىشىك پەردىسىگە، [26]شۇنداقلا ھويلا ئەتراپىدىكى پەردىلەر، ھويلا دەرۋازىسىنىڭ پەردىسى (ھويلا پەردىلىرى ئىبادەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنى چۆرىدەپ تۇراتتى) ۋە ھويلىدا ئىشلىتىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك بارلىق تانىلارغا قاراش ئىدى.

[27]كوھاتتىن ئامراملارنىڭ جەمەتى، ئىزھارلارنىڭ جەمەتى، ھېبرونلارنىڭ جەمەتى ۋە ئۇززىئەللەرنىڭ جەمەتى ۋۇجۇدقا كەلدى؛ بۇ كوھاتلارنىڭ جەمەتلىرى ئىدى. [28]بارلىق ئەركەكلەرنىڭ سانى بويىچە، بىر ئايلىقتىن ئاشقانلار جەمئىي سەككىز مىڭ ئالتە يۈز ئادەم بولۇپ چىقتى؛ ئۇلار مۇقەددەس جايغا قاراش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بولدى. [29]كوھات ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەتلىرى جامائەت چېدىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بارگاھ تىكتى. [30]كوھات جەمەتىنىڭ ئەمىرى ئۇززىئەلنىڭ ئوغلى ئەلىزافان ئىدى. [31]ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئەھدە ساندۇقى، شىرە،

---

25:3 **«چېدىرىنىڭ ئۆزىدىكى ئاستىنقى ئىككى ياپقۇچ-پەردە»** — ئىبرانىي تىلىدا «تۇرالغۇ ئۆزى ۋە چېدىرنى» — مەنىسى چوقۇم تەرجىممىزدەك بولۇشى كېرەك. «مىس.» 1:25-13نى كۆرۈڭ.

چىراغدان، ئىككى قۇربانگاھ، شۇنىڭدەك مۇقەددەس جاينىڭ ئىچىدە ئىشلىتىدىغان قاچا-قۇچا، پەردە ۋە ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە قاراش ئىدى.
[32] لاۋىيلارنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ئەمىرى بولسا كاھىن ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازار ئىدى؛ ئۇ مۇقەددەسخانىغا قاراش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغانلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىدىغان بولدى.
[33] مەرارىدىن ماھلى جەمەتى بىلەن مۇشى جەمەتى ۋۇجۇدقا كەلدى؛ بۇلار مەرارىنىڭ جەمەتلىرى بولدى. [34] بارلىق ئەركەكلەرنىڭ سانىغا ئاساسەن، بىر ئايلىقتىن يۇقىرى بولغانلار ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي ئالتە مىڭ ئىككى يۈز كىشى چىقتى. [35] مەرارىنىڭ جەمەتىنىڭ ئەمىرى ئابىھايىلنىڭ ئوغلى زۇرىيەل بولدى؛ ئۇلار ئىبادەت چېدىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە بارگاھ قۇردى. [36] مەرارى ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىبادەت چېدىرىنىڭ تاختايلىرى، بالداقلىرى، خادىلىرىغا، تەگلىكلىرى بارلىق ئەسۋاب-جابدۇقلىرىغا قاراش، شۇنىڭدەك بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە، [37] شۇنداقلا ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى خادىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ تەگلىكلىرى، قوزۇق ۋە تانىلارغا مەسئۇل بولۇشقا بەلگىلەندى.
[38] ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا، شەرق تەرىپىگە، يەنى جامائەت چېدىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە بارگاھ قۇرغانلار مۇسا، ھارۇن ۋە ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى؛ ئۇلار ئىسرائىللارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، مۇقەددەس جايغا قارايدىغان بولدى؛ ئۇلارغا يات بولغان ھەرقانداق ئادەم مۇقەددەس جايغا يېقىنلاشسا، ئۆلتۈرۈلەتتى.
[39] مۇسا بىلەن ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە، ساناقتىن ئۆتكۈزگەن بارلىق لاۋىيلار، جەمەتلىرى بويىچە، يەنى بىر ئايلىقتىن يۇقىرى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن ئەركەكلەر جەمئىي يىگىرمە ئىككى مىڭ چىقتى.

**38:3** چۆل. 3:10؛ 40:16

## لاۋىيلارنىڭ ئىسرائىللارنىڭ تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ خۇداغا ئاتىلىشى

40 پەرۋەردىگار مۇساغا: – سەن ئىسرائىللار ئىچىدە بىر ئايلىقتىن
ئاشقان تۇنجى ئوغۇللارنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىسىم-فامىلىسى
بويىچە تىزىملاپ چىق. 41 سەن لاۋىيلارنى ئىسرائىللارنىڭ بارلىق
تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىدا ماڭا خاس قىل (مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن)؛
لاۋىيلارنىڭ مال-چارۋىلىرىنىمۇ ئىسرائىللارنىڭ بارلىق تۇنجى مال-
چارۋىلىرىنىڭ ئورنىدا ماڭا خاس قىل، – دېدى.
42 مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە، ئىسرائىللارنىڭ تۇنجىلىرىنى
قويماي ساناقتىن ئۆتكۈزدى. 43 بىر ئايلىقتىن يۇقىرى تۇنجى ئوغۇل
باللىرىنى ئىسىم-فامىلىسى بىلەن ساناقتىن ئۆتكۈزگەندە، ئۇلار
جەمئىي يىگىرمە ئىككى مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش ئۈچ كىشى چىقتى.
44 پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: – 45 سەن لاۋىيلارنى ئىسرائىللارنىڭ
تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىدا ماڭا تاللا، شۇنداقلا لاۋىيلارنىڭ مال-
چارۋىلىرىنىمۇ ئىسرائىللارنىڭ مال-چارۋىلىرىنىڭ ئورنىدا ماڭا
تاللا؛ شۇنىڭ بىلەن لاۋىيلار مېنىڭكى بولىدۇ؛ مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
46 ۋە لاۋىيلارنىڭ سانىدىن ئارتۇق چىققان ئىسرائىللارنىڭ تۇنجىلىرى،
يەنى شۇ ئىككى يۈز يەتمىش ئۈچى ئۈچۈن ھۆرلۈك ھەققىنى قوبۇل
قىلغىن؛ 47 شۇلارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن بەش شەكەل كۈمۈش ئال،
كىشى سانىغا قاراپ بولسۇن؛ مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم
بىرلىكى بويىچەۇلاردىن ئالغىن (بىر شەكەل يىگىرمە گەراھدۇر).

---

46:3 **«ئىككى يۈز يەتمىش ئۈچى»** – «ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى ئوغۇللىرى»نىڭ سانى 22273 (43-ئايەت) «لاۋىيلارنىڭ» بولسا 22000 ئىدى (39-ئايەت)، ئەمدى «لاۋىيلارنىڭ سانىدىن ئارتۇق چىققان ئىسرائىللارنىڭ تۇنجىلىرى»نىڭ سانى 273 ئادەم ئىدى.

47:3 **«بىر شەكەل»** – تەخمىنەن 11.4 گرام بولۇشى مۇمكىن، بەش شەكەل 57 گرام. **«مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى»** – «مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى» شۈبھىسىزكى، پۈتكۈل ئەل ئۈچۈن ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بولسۇن دەپ، مۇقەددەس جايدا ساقلاقلىق، مۇقىم بېكىتىلگەن بىرنەچچە خىل ئۆلچەملەردىن بىرى بولۇشى كېرەك ئىدى.

**47:3** مىس. 31:30؛ لاۋ. 25:27؛ چۆل. 16:18؛ ئەز. 12:45

[48] ئارتۇق چىققان ئادەملەرنىڭ، يەنى ھۆرلۈك ھەققىنى تۆلىشى كېرەك بولغانلارنىڭ كۈمۈشىنى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بەر.
[49] ئەمدى لاۋىيلار تەرىپىدىن «ھۆرلۈككە چىقىرىلغان» دەپ ھېسابلانغان تۇنجى ئوغۇللاردىن ئارتۇق چىققانلاردىن بولسا، مۇسا ئۇلاردىن شۇ ھۆرلۈك ھەققىنى ئالدى؛ [50] ئۇ ئىسرائىللارنىڭ تۇنجىلىرىدىن شۇ كۈمۈشنى، يەنى مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە جەمئىي بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش شەكەل ئالدى. [51] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە «ھۆرلۈككە چىقىرىلغان»لارنىڭ كۈمۈشىنى دەل پەرۋەردىگار بۇيرۇغىنىدەك، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بەردى.

## كوھات ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەزىپىسى

4 [1] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[2] سەن لاۋىيلار ئىچىدىن ئاتا جەمەتى بويىچە كوھات ئەۋلادلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى تىزىملىغىن، [3] ئوتتۇز ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغان، جامائەت چېدىرىدا ئىش-خىزمەت قىلىشقا كېلەلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى تىزىملاپ چىق. [4] كوھات ئەۋلادلىرىنىڭ جامائەت چېدىرى ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئەڭ مۇقەددەس بۇيۇملارنى باشقۇرۇش بولىدۇ. [5] بارگاھ كۆچۈرۈلىدىغان چاغدا، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كىرىپ «ئەڭ مۇقەددەس جاي»دىكى «ئايرىما پەردە-يوپۇق»نى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنى يۆگىسۇن؛ [6] ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىنى دېلفىننىڭ تېرىسىدىن ئېتىلگەن يوپۇق بىلەن ئوراپ، ئۈستىگە كۆك بىر رەختنى يېپىپ، ئاندىن كۆتۈرىدىغان بالداقلارنى ئۆ

---

50:3 «بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش شەكەل» — تەخمىنەن 16.4 كىلوگرام.

3:4 «ئىش-خىزمەت قىلىشقا كېلەلەيدىغانلار» — ئىبرانىي تىلىدا «ئىش-خىزمەت قىلىشقا كېلەلەيدىغان قوشۇن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

تىكۈزسۇن. [7]تەقدىم نان تىزىلغان شىرەگە كۆك بىر رەخت سېلىنىپ، ئۈستىگە لېگەن، تەخسە، پىيالە ۋە شاراب ھەدىيەلىرىنى چاچىدىغان قەدەھلەر تىزىپ قويۇلسۇن؛ شىرەدىمۇ «دائىمىي نان» تىزىلىپ تۇرىۋەرسۇن؛ [8]بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستى قىزىل رەخت بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستى يەنە دېلفىن تېرىسىدە ئېتىلگەن بىر يوپۇق بىلەن يېپىلىپ، ئاندىن كۆتىرىدىغان بالداقلار ئۆتكۈزۈپ قويۇلسۇن. [9]ئۇلار كۆك رەخت ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن چىراغدان بىلەن ئۈستىدىكى چىراغلارنى، پىلىك قىسقۇچلارنى، كۇلدانلارنى ۋە چىراغدانغا ئىشلىتىدىغان، بارلىق ماي قاچىلايدىغان قاچىلارنى يېپىپ قويسۇن. [10]ئۇلار يەنە چىراغدان بىلەن چىراغدانغا ئىشلىتىدىغان ھەممە قاچا-قۇچا ئەسۋابلارنى دېلفىن تېرىسىدىن ئېتىلگەن يوپۇق بىلەن يۆگەپ، ئاندىن ئەپكەشكە سېلىپ قويسۇن.

[11]ئالتۇن خۇشبۇيگاھقا كۆك بىر رەخت سېلىپ، يەنە دېلفىن تېرىسىدە ئېتىلگەن يوپۇق بىلەن يېپىپ، ئاندىن كۆتۈرگۈچكە قوش بالداقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويسۇن. [12]مۇقەددەس جايىنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىدىغان بارلىق قاچا-قۇچىلارنى كۆك بىر رەخت بىلەن يۆگەپ، ئاندىن ئۈستىگە دېلفىن تېرىسىدە ئېتىلگەن يوپۇقنى يېپىپ، ئاندىن بىر ئەپكەشكە سېلىپ قويسۇن.

[13]ئۇلار قۇربانگاھنى كۇلدىن تازىلاپ، ئۈستىگە سۆسۈن رەڭلىك بىر رەختنى يېيىپ قويسۇن. [14]ئاندىن يەنە قۇربانگاھتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار ــ كۇلدان، ئىلمەك، بەلگۈرجەك، چىنىلەر، شۇنداقلا بارلىق

---

6:4 **«دېلفىننىڭ تېرىسى»** ــ ياكى «دېڭىز ئېيىقىنىڭ تېرىسى» ياكى «بورسۇقنىڭ تېرىسى».

7:4 **«تەقدىم نان شىرەسى»** ــ ياكى «ھۇزۇرىي نان شىرەسى» («خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىكى نان»لار) ــ مۇشۇ يەردە پەقەت «خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىكى شىرە» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. نانلار ۋە ئالتۇن شىرە توغرۇلۇق «مىس.» 25:23-30 ۋە «لاۋ.» 24:5-9نى كۆرۈڭ. **«دائىمىي نان»** ــ «تەقدىم نان»نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

**7:4** مىس. 30:25

**9:4** مىس. 31:25، 38

11:4 **«ئالتۇن خۇشبۇيگاھ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئالتۇن قۇربانگاھ».

ئەسۋابلارنى قۇربانگاھ ئۈستىگە تىزىپ، ئاندىن دىلفىن تېرىسىدە ئېتىلگەن بىر يوپۇق بىلەن يېپىپ، ئاندىن كۆتۈرىدىغان بالداقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويسۇن.
[15] پۈتۈن بارگاھتىكىلەر يولغا چىقىدىغان چاغدا، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇقەددەس جاي ۋە مۇقەددەس جايدىكى بارلىق قاچا-قۇچا ئەسۋابلارنى يېپىپ بولغاندىن كېيىن، كوھاتنىڭ ئەۋلادلىرى كېلىپ كۆتۈرسۇن؛ لېكىن ئۆلۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن مۇقەددەس بۇيۇملارغا قول تەگكۈزمىسۇن. جامائەت چېدىرى ئىچىدىكى نەرسىلەردىن شۇلارنى كوھاتنىڭ ئەۋلادلىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.
[16] ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازارنىڭ ۋەزىپىسى چىراغ مېيى، خۇشبۇي ئەتىر، دائىمىي تەقدىم قىلىنىدىغان ئاشلىق ھەدىيەسى بىلەن مەسىھلەش مېيىغا قاراش، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىبادەت چېدىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەر، مۇقەددەس جاي ھەم مۇقەددەس جايدىكى قاچا-قۇچا ئەسۋابلارغا قاراشتىن ئىبارەت.
[17] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:
—
[18] سىلەر كوھات جەمەتىدىكىلەرنى لاۋىيلار ئارىسىدىن قەتئىي يوقىتىپ قويماڭلار؛ [19] بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆلمەي، ھايات قېلىشى ئۈچۈن ئۇلار «ئەڭ مۇقەددەس» بۇيۇملارغا يېقىنلاشقان چاغدا، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كىرىپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە قىلىدىغان ۋە كۆتۈرىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىپ قويسۇن؛ [20] ئۇلار پەقەت مۇقەددەس جايغا كىرگەندە مۇقەددەس بۇيۇملارغا بىر دەقىقىمۇ قارىمىسۇن، ئۇنداق قىلىپ قويسا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

---

**16:4** مىس. 40:29؛ 35،34،24،23:30

**20:4 «ئۇلار پەقەت ... بىر دەقىقىمۇ قارىمىسۇن»** — دېمەك، ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى كاھىنلار مۇقەددەس بۇيۇملارنى يېپىۋاتقان ۋاقىتتا مۇقەددەس چېدىرغا كىرمەسلىكى كېرەك، پەقەت بۇيۇملار يېپىلغاندىن كېيىن كىرىشكە بولىدۇ.

## گەرشون ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەزىپىسى

21 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
23-22 گەرشون ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئاتا جەمەتى ۋە ئائىلىلىرى بويىچە،
ئوتتۇز ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغان، جامائەت چېدىرى ئىچىدە
خىزمەت قىلىش سېپىگە كىرەلەيدىغان ھەممىسىنى ساناقتىن
ئۆتكۈزۈپ ئومۇمىي سانىنى ئال. 24 گەرشون ئائىلىلىرىنىڭ
قىلىدىغان خىزمىتى ۋە ئۇلار كۆتۈرىدىغان نەرسىلەر تۆۋەندىكىچە:
25 — ئۇلار جامائەت چېدىرىنىڭ ئۆزىنى، يەنى ئاستىدىكى
ئىچكى پەردىلىرى ۋە سىرتقى پەردىلىرىنى، ئۇنىڭ ياپقۇچىنى،
شۇنداقلا ئۈستىگە ياپقان دېلفىن تېرىسىدە ئېتىلگەن يوپۇقنى
ۋە جامائەت چېدىرىنىڭكىرىش ئىشىكىنىڭ پەردىسىنى،
26 ئىبادەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنى چۆرىدەپ تارتىلغان
ھويلىدىكى پەردىلەر بىلەن كىرىش دەرۋازىسىنىڭ پەردىسىنى،
شۇلارغا خاس تانىلىرىنى ۋە ئىشلىتىدىغان بارلىق قاچا-قۇچا
ئەسۋابلارنى كۆتۈرسۇن؛ بۇ ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرگە مۇناسىۋەتلىك
كېرەك بولغان ئىشلارنى قىلسۇن. 27 گەرشون ئەۋلادلىرىنىڭ پۈتۈن
ۋەزىپىسى، يەنى ئۇلار كۆتۈرىدىغان ۋە بېجىرىدىغان بارلىق ئىشلار
ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە بولسۇن؛
ئۇلارنىڭ نېمە كۆتۈرىدىغانلىقىنى سىلەر بەلگىلەپ بېرىڭلار.
28 گەرشون ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەتلىرىنىڭ جامائەت چېدىرىنىڭ

---

22-23:4 **«خىزمەت قىلىش سېپىگە كىرەلەيدىغانلار»** — ئىبرانىي تىلىدا «جەڭگە چىقالايدىغان قوشۇندىكىلەر» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىچكى مەنىسى، شۈبھىسىزكى، كاھىنلارنىڭ مۇقەددەس جايدا ئىسرائىل ئۈچۈن قۇربانلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا روھىي ۋەكىل بولۇشى ئىسرائىللار ئۈچۈن جىن-شەيتانلار بىلەن روھىي ئۇرۇش خىزمىتى قىلغانغا باراۋەر.

25:4 **«ئاستىدىكى ئىچكى پەردىلىرى ۋە سىرتقى پەردىلىرى»** — ئىبرانىي تىلىدا «تۇرالغۇنىڭ پەردىلىرى ۋە جامائەت چېدىرى». مەنىسى چوقۇم تەرجىمىمىزدەك بولىدۇ. چېدىرنىڭ تۆت قەۋەت يوپۇقى بار ئىدى؛ (1) ئىچكى پەردىلىرى؛ (2) ئۆچكە تېرىلىرى؛ (3) قىزىل بويالغان قوچقار تېرىلىرى؛ (4) دېلفىن تېرىلىرى. بەزى ۋاقىتلاردا 2-قەۋىتى، يەنى ئۆچكە تېرىسىدىن ئېتىلگەن پەردىلەر «جامائەت چېدىر»نىڭ ئۆزى دەپ ھېسابلىناتتى. «مىس.» 1:25-15نى كۆرۈڭ.

ئىچىدە قىلىدىغان خىزمىتى شۇلار؛ ئۇلار كاھىن ھارۇننىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇپ ئىشلىسۇن.

## مەرارى ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەزىپىسى

[29] مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىنىمۇ، ئۇلارنى ئاتا جەمەتى، ئائىلىلىرى بويىچە، ساناقتىن ئۆتكۈز؛ [30] ئوتتۇز ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغان، جامائەت چېدىرى ئىچىدە خىزمەت قىلىش سېپىگە كىرەلەيدىغان ھەممىسىنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ ئومۇمىي سانىنى ئال. [31] ئۇلارنىڭ جامائەت چېدىرى ئىچىدىكى بارلىق خىزمىتى، يەنى كۆتۈرۈش ۋەزىپىسى مۇنداق: — ئۇلار جامائەت چېدىرىنىڭ تاختايلىرى، بالداقلىرى، خادىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەگلىكلىرى، [32] ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى خادىلار، ئۇلارنىڭ تەگلىكلىرى، قوزۇقلىرى، تانالىرى، بارلىق ئەسۋاب-ئۈسكۈنە ھەم شۇلارغا كېرەكلىك بولغان بارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش بولسۇن؛ ئۇلار كۆتۈرىدىغان ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى نامىنى ئاتاپ بىر-بىرلەپ ھەر ئادەمگە كۆرسىتىپ بېرىڭلار. [33] مەرارى جەمەت-ئائىلىلىرىنىڭ جامائەت چېدىرى ئىچىدە قىلىدىغان بارلىق ئىشلىرى ئەنە شۇلار؛ ئۇلار كاھىن ھارۇننىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇپ ئىشلىسۇن.

## لاۋىيلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى

[34-35] مۇسا بىلەن ھارۇن ۋە جامائەتنىڭ ئەمىرلىرى كوھاتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇز ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغان، جامائەت چېدىرىدا خىزمەت قىلىش سېپىگە كىرەلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتا جەمەتى، ئائىلىلىرى بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزدى. [36] ئۇلاردىن جەمەتى بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئىككى مىڭ

4:30 «خىزمەت قىلىش سېپىگە كىرەلەيدىغانلار» — 23-ئايەتنى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.
4:34-35 «سېپىگە كىرەلەيدىغانلار» — 23-ئايەتنى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. 39-، 43-ئايەتتە ئوخشاش سۆزلەر تېپىلىدۇ.

يەتتە يۈز ئەللىك كىشى بولۇپ چىقتى. [37] مۇشۇلار كوھات جەمەتىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر بولۇپ، جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلىدىغان ھەربىرى، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلغان ئەمرى بويىچە مۇسا بىلەن ھارۇن ساناقتىن ئۆتكۈزگەنلەر ئىدى.

[38-39] گەرشونلارنىڭ ئاتا جەمەتى، ئائىلىلىرى بويىچە، ئوتتۇز ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغان، جامائەت چېدىرىدا خىزمەت قىلىش سېپىگە كىرەلەيدىغان ھەممىسى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلدى؛ [40] ئاتا جەمەتى، ئائىلىلىرى بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئىككى مىڭ ئالتە يۈز ئوتتۇز كىشى بولۇپ چىقتى. [41] مۇشۇلار گەرشون جەمەتىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر بولۇپ، جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلىدىغان ھەربىرى، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلغان ئەمرى بويىچە مۇسا بىلەن ھارۇن ساناقتىن ئۆتكۈزگەنلەر ئىدى.

[42-43] مەرارىلارنىڭ ئاتا جەمەتى، ئائىلىلىرى بويىچە، ئوتتۇز ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغان، جامائەت چېدىرىدا خىزمەت قىلىش سېپىگە كىرەلەيدىغان ھەممىسى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلدى؛ [44] ئاتا جەمەتى، ئائىلىلىرى بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر جەمئىي ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز كىشى بولۇپ چىقتى. [45] مۇشۇلار مەرارى جەمەتىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر بولۇپ، جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلىدىغان ھەربىرى، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلغان ئەمرى بويىچە مۇسا بىلەن ھارۇن ساناقتىن ئۆتكۈزگەنلەر ئىدى.

[46-47] ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن لاۋىيلار مانا شۇلار ئىدى؛ مۇسا بىلەن ھارۇن ھەم ئىسرائىللارنىڭ ئەمىرلىرى ئۇلاردىن ئاتا جەمەتى، ئائىلىلىرى بويىچە، ئوتتۇز ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغان، جامائەت چېدىرىدا خىزمەت قىلىش ۋە يۈك كۆتۈرۈش ۋەزىپىسىگە كىرەلەيدىغانلارنى ساناقتىن ئۆتكۈزگەن. [48] ئۇلارنىڭ سانى جەمئىي سەككىز مىڭ بەش يۈز سەكسەن ئادەم بولۇپ چىقتى. [49] پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە، ئۇلار مۇسا تەرىپىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلدى؛ ھەركىم

ئۆزى قىلىدىغان ئىشى ۋە كۆتۈرىدىغان يۈكىگە ئاساسەن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنىدەك بولدى.

## ناپاكلارنى بارگاھتىن ئايرىش كېرەك

5 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: ـ [2-3] سەن ئىسرائىللارغا ئەمر
قىلىپ: «سىلەر پىسە-ماخاۋ كېسىلى بىلەن ئاقما كېسەلگە
گىرىپتار بولغانلارنى، شۇنداقلا ئۆلۈككە تېگىشى بىلەن ناپاك بولۇپ
قالغان ھەممىسىنى ئەر-ئايال دېمەي بارگاھتىن چىقىرىۋېتىڭلار.
بارگاھلارنى بۇلغىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى بارگاھتىن
چىقىرىۋېتىڭلار؛ چۈنكى مەن بارگاھ ئوتتۇرىسىدا ماكان قىلدىم» ـ
دېگىن، ـ دېدى.
[4] ئىسرائىللار شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بارگاھتىن چىقىرىۋەتتى؛
پەرۋەردىگار مۇساغا قانداق ئەمر قىلغان بولسا، ئىسرائىللار شۇنداق
قىلدى.

## تۆلەم تۆلەش نىزامى ـ «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى» ۋە قوشۇمچە تۆلەم

[5] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ـ
[6] سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن: ـ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئەگەر
ئۇ ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارغا ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان ھەرقانداق
گۇناھلىرىدىن بىرىنى سادىر قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن گۇناھكار دەپ

---

2-3:5 **«پىسە-ماخاۋ كېسىلى بىلەن ئاقما كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار»** ـ «لاۋ.» 13-بابنى، 15-باب 16-، 19-، 25-، 31-ئايەتنى كۆرۈڭ. **«بۆلۈككە تېگىشى بىلەن ناپاك بولۇپ قالغان...»** ـ مەسىلەن، ئۇرۇق-تۇغقىنىنى دەپنە قىلىشى بىلەن. **«بارگاھلار»** ـ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز بارگاھلىرى، دېمەكچى.

**3-2:5** لاۋ. 3:13، 46؛ 2:15؛ 1:21

بېكىتىلسە، [7] ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا ئىقرار قىلىپ، ئىتائەتسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان، زىيانلانغۇچىنىڭ زىيىنىنى تولۇق تۆلەپ بېرىشى كېرەك ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا ئۇ كىشىگە يەنە بەشتىن بىر ئۇلۇشنى قوشۇپ تۆلەپ بەرسۇن. [8] زىيانلانغۇچىنىڭ مۇبادا ئىتائەتسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانغا بېرىلگەن تۆلەم پۇلىنى ئالغۇدەك تۇغقىنى بولمىسا، تۆلەم پۇلى گۇناھكار بولغان كىشىنىڭ كافارەتتىكە سۇنۇلىدىغان قوشقارغا قوشۇلۇپ، پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ، كاھىنغا بېرىلسۇن. [9] شۇنىڭدەك ئىسرائىللارنىڭ خۇداغا ئاتىغان بارلىق مۇقەددەس ھەدىيەلىرى، يەنى كاھىنغا كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن بارلىق «كۆتۈرمە قۇربانلىق-ھەدىيە»لەر كاھىنغا ھېساب بولسۇن. [10] ھەركىم خۇداغا ئاتىغان ھەدىيەلەر مۇقەددەس دەپ ھېسابلانسۇن، شۇنداقلا كاھىنىنىڭ بولسۇن؛ كىشىلەر كاھىنغا نېمە ھەدىيە قىلسا، ئۇنىڭ ھەممىسى كاھىنىنىڭ بولسۇن.

## زىنا قىلدى دەپ ئەرز قىلىنغان خوتۇننى سىناش ئۇسۇلى ۋە بىر تەرەپ قىلىش نىزامى

[11] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[12] سەن ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگىن: — ئەگەر بىرسىنىڭ خوتۇنى ئۆز ئېرىدىن يۈز ئۆرۈگەن، ساداقەتسىزلىك قىلغان بولسا، [13] — دېمەك، باشقا بىرسى بىلەن يېقىنلاشقان، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇلغانغانلىقى ئېرىنىڭ كۆزلىرىدىن يوشۇرۇن بولغان بولسا، ھېچ گۇۋاھچى بولمىغان ھەم گۇناھ قىلغان چېغىدا تۇتۇلۇپمۇ قالمىغان بولسا، [14] — شۇنداق ئەھۋالدا، ئېرى ئۆز خوتۇنىدىن گۇمان قىلىپ كۈنلىسە، خوتۇنى راستىلا زىنا قىلىپ بۇلغانغان بولسا (ياكى ئۆز

6:5 لاۋ. 5:21، 22
7:5 لاۋ. 5:24
8:5 لاۋ. 5:21-26
10:5 لاۋ. 10:12

خوتۇنغا گۇمان قىلىپ كۇنلىسىمۇ، خوتۇنى زىنا قىلمىغان ۋە بۇلغانمىغان بولسا) [15] ئەھۋالىنى ئىسپاتلاش ئۇچۇن بۇ ئادەم خوتۇنىنى كاھىنىنىڭ يېنىغا ئەكەلسۇن ھەم خوتۇنى ئۇچۇن زۆرۈر ئاشلىق ھەدىيەسى، يەنى ئارپا ئۇندىن ئوندىن بىر ئەفاھنى ئالغاچ كەلسۇن؛ شۇ ھەدىيەنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھېچ زەيتۇن مېيى قۇيمىسۇن ياكى ھېچ مەستىكى قوشۇپ قويمىسۇن؛ چۈنكى بۇ كۈنداشلىق ھەدىيەسى، ئەسلەتمە ئاشلىق ھەدىيەسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىگە بولغان ئەسلەتمىدۇر.

[16] كاھىن ئۇ خوتۇننى ئالدىغا كەلتۈرۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغۇزسۇن. [17] كاھىن كومزەككە مۇقەددەس سۇدىن قۇيۇپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ يەر توپىسىدىن بىر چىمدىم ئېلىپ سۇغا چېچىپ قويسۇن. [18] كاھىن ئۇ خوتۇننى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغۇزۇپ، بېشىنى ئېچىپ، ئەسلەتمە ئاشلىق ھەدىيەسى، يەنى كۈنداشلىق ھەدىيەسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزسۇن، ئاندىن كاھىن قولىغا قارغىش كەلتۈرگۈچى ئەلەم سۇيىنى ئالسۇن. [19] كاھىن ئۇ خوتۇنغا قەسەم ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭغا «دەرۋەقە سەن ھېچقانداق ئادەم بىلەن بىللە ياتمىغان، ئېرىڭنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بىلەن بىللە بولۇشقا ئېزىپ بۇزۇقلۇق قىلمىغان بولساڭ، ئۇنداقتا سەن بۇ قارغىش كەلتۈرگۈچى ئەلەم سۇيىدىن خالاس بولغايسەن. [20] لېكىن سەن ئېرىڭنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسىگە يېقىنلىشىپ ئۆزۈڭنى بۇلغىغان بولساڭ، ئېرىڭدىن باشقا بىر ئەر سەن بىلەن بىللە ياتقان بولسا، ــ» دېسۇن؛ [21-22] ئاندىن كاھىن ئۇ خوتۇنغا قارغىش قەسىمىنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن، يەنە ئۇنىڭغا: «ــ پەرۋەردىگار يوتاڭنى يىگىلتىپ، قورسىقىڭنى ئىششىتىۋەتسۇن، شۇنىڭدەك

15:5 **«بىر ئەفاھ»** ــ تەخمىنەن 2 كۈرە ياكى 22 لىتر ئىدى.

17:5 **«مۇقەددەس سۇ»** ــ «يۇيۇنۇش دېسى»دىن ئېلىنغان سۇ بولسا كېرەك.

19:5 **«ئېرىڭنىڭ ئورنىدا»** ــ بۇ دېگەنلىكنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئېرىڭنىڭ ئەمرى ئاستىدا تۇرۇپ».

پەرۋەردىگار سىنى ئۆز خەلقىڭ ئىچىدە قارغىش ۋە قەسەم ئىچىش
دەستىكىگە ئايلاندۇرسۇن؛ بۇ قارغىش سۈيى ئىچ-قارنىڭغا
كىرىپ، قورسىقىڭنى ئىششىتىۋەتسۇن، يوتاڭنى يىگىلىتىۋەتسۇن»
دېگەندە، ئۇ خوتۇن: «ئامىن، ئامىن» دېسۇن.
[23] شۇنىڭدەك كاھىن بۇ قارغىش سۆزلىرىنى دەپتەرگە پۈتۈپ قويسۇن،
شۇنداقلا يازغان سۆزلەرنى ئەلەم سۈيىگە چىلىسۇن، [24] ئاندىن ئۇ
خوتۇنغا بۇ قارغىش كەلتۈرگۈچى ئەلەم سۈيىنى ئىچكۈزسۇن، بۇ
قارغىش كەلتۈرگۈچى سۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا
ئازاب-ئەلەم بولىدۇ. [25] كاھىن ئۇ خوتۇننىڭ قولىدىن كۈنداشلىق
ئاشلىق ھەدىيەسىنى ئېلىپ، ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا
پۇلاڭلىتىپ بولغاندىن كېيىن، قۇربانگاھقا ئېلىپ كەلسۇن.
[26] كاھىن ھەدىيەدىن بىر سىقىم ئۇن ئېلىپ، خاتىرە ھېسابىدا
قۇربانگاھقا قويۇپ كۆيدۈرسۇن؛ ئاندىن ئۇ خوتۇنغا بۇ سۇنى
ئىچكۈزسۇن.
[27] كاھىن ئەمدى ئۇ خوتۇنغا سۇنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن، ئەگەر
ئۇھەقىقىي بۇلغانغان بولۇپ، ئۆز ئېرىگە ساداقەتسىزلىك قىلغان
بولسا، چوقۇم شۇنداق بولىدۇكى، بۇ قارغىش سۈيى ئۇنىڭ ئىچىگە
كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئازاب-ئەلەم كەلتۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ قورسىقى
ئىششىپ، يوتىسى يىگىلەپ كېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن ئۆز
خەلقى ئىچىدە قارغىشقا كېتىدۇ. [28] لېكىن ئەگەر ئۇ خوتۇن بۇلغانمىغان
پاك بولسا، شۇ ئىشتىن خالاس بولىدۇ ۋە ئەكسىچە ھامىلدار بولۇپ
پەرزەنتلىك بولىدۇ.
[29] مانا بۇ كۈنداشلىق توغرىسىدىكى قانۇندۇر؛ خوتۇن ئۆز ئېرىنىڭ
ئورنىدا باشقا بىرسى بىلەن بىللە بولۇشى بىلەن ئېزىپ بۇلغانغان
بولسا [30] ۋە ياكى بىرسى خوتۇنىدىن گۇمان قىلىپ كۈنلىسە، ئۇنداقتا
ئۇ خوتۇننى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزسۇن، كاھىن ئۇنىڭغا شۇ

29:5 **«ئېرىڭنىڭ ئورنىدا»** — بۇ دېگەنلىكنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئېرىنىڭ ئەمرى ئاستىدا تۇرۇپ».

قانۇن بويىچە ھەممىنى ئىجرا قىلسۇن. [31] ئەنە شۇنداق قىلغاندا، ئەر
گۇناھتىن خالاس بولۇپ، خوتۇن ئۆز گۇناھىنى كۆتىرىدۇ.

## «نازارىيلار»نىڭ نىزامى

6 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[2] سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن: «مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن،
«ئۆزۈمنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ، نازارىيلاردىن بولىمەن» دېگەن ئالاھىدە
بىر قەسەمنى ئىچكەن بولسا، [3] ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنى ھاراق-شارابتىن
ئايرىپ پەرھىز تۇتسۇن؛ ھاراق-شاراب بىلەن ئىشلەنگەن سىركىنىمۇ
ئىچمىسۇن ياكى ھەرقانداق ئۈزۈم شەربىتىنى ئىچمىسۇن ۋە ھۆل-
قۇرۇق ئۈزۈملەرنىمۇ يېمىسۇن. [4] ئۆزىنى پەرۋەردىگارغا ئاتىغان بارلىق
كۈنلەردە، ئۈزۈم تېلىدىن چىققان ھەرقانداق نەرسىنى، مەيلى ئۈزۈم
ئۇرۇقى بولسۇن، پوستى بولسۇن، ئۇلارنى يېيىشكە بولمايدۇ.
[5] ئۆزۈمنى پەرۋەردىگارغا ئاتىدىم دەپ قەسەم قىلغان كۈنلىرىدە،
ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇستىرا تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ؛ ئۆزىنى
پەرۋەردىگارغا ئاتىغان كۈنلەر ئۆتۈپ بولمىغۇچە، ئۇ مۇقەددەس بولۇشى
كېرەك؛ ئۇلار چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇشى كېرەك. [6] ئۇ قەسەم ئىچكەن
بارلىق كۈنلىرىدە ھېچقانداق ئۆلۈكلەرگە يېقىنلاشىشقا بولمايدۇ.

31:5 **«خوتۇن ئۆز گۇناھىنى كۆتۈرىدۇ»** — گۇناھى بار بولسا، ئەلۋەتتە. بۇ قانۇندا ئەر بىلەن خوتۇنغا نىسبەتەن بىرەر باراۋەرسىزلىك بارمۇ؟ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

2:6 **«نازارىي»** — «نازارىي» دېگەن سۆز «(خۇداغا) ئاتىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

4:6 **«نازارىي بولىمەن»** — «نازارىي بولىمەن» دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر ئۆزىنى مەلۇم بىر مۇھلەتتە ياكى ئۆمۈرۋايەت خۇداغا ئاتايدۇ (مەسىلەن، «ھاك.» 5:13، «لۇقا» 15:1نى كۆرۈڭ).

5:6 **«چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇشى كېرەك»** — بۇ ئىشتا (ئا) ماتەم بىلدۈرۈشتە چاچلىرىنى چۇشۇرۇش مەنىئى قىلىنىدۇ؛ (ئە) ئۆزىگە بىرخىل نومۇسلۇق كەلتۈرىدۇ (چۈنكى ئۇ ئايالدەك كۆرۈنىدۇ). شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قەسەم ئىچىپ خۇداغا ئاتىغانلىقىنى ھەممە ئادەمگە ئايان بولىدۇ.

**5:6** ھاك. 5:13؛ 1سام. 11:1

[7]ئۇنىڭ ئۆز ئاتىسى، ئانىسى، قېرىندىشى ياكى ھەدە-سىڭىللىرى
ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇلارنى دەپ ئۆزىنى ناپاك قىلماسلىقى كېرەك؛
چۈنكى بېشىدا پەرۋەردىگارغىلا خاس بولىمەن دەپ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ
بەلگىسى بولىدۇ. [8]ئۆزىنى خۇداغا ئاتىۋەتكەن بارلىق كۈنلەردە ئۇ
پەرۋەردىگار ئالدىدا مۇقەددەس بولۇپ تۇرسۇن.
[9]مۇبادا بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قېلىپ، ئۆزىنى
پەرۋەردىگارغا ئاتىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولغان بېشى بۇلغانغان
بولسا، ئۇ ئۆزىنى پاكلاش كۈنى ۋە كېيىنكى يەتتىنچى كۈنىمۇ چېچىنى
ئالدۇرسۇن. [10]سەككىزىنچى كۈنى ئۇ ئىككى پاختەكنى ياكى ئىككى
باچكىنى ئېلىپ جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كاھىنغا
تاپشۇرسۇن. [11]كاھىن بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە
قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنۇپ، ئۆلۈك سەۋەبىدىن ناپاك بولۇپ قالغان
گۇناھىنى تىلەپ كەفارەت قىلسۇن؛ نازارىي شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئۆز
بېشىنى قايتىدىن مۇقەددەس-پاك قىلسۇن، [12]ئۇ ئۆزىنى پەرۋەردىگارغا
ئاتىغان كۈنلىرىنى يېڭىۋاشتىن باشلىسۇن، شۇنىڭ بىلەن بىر
ياشلىق بىر ئەركەك قوزىنى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىپ
سۇنسۇن؛ ئىلگىرىكى كۈنلىرى بولسا ئىناۋەتسىز ھېسابلانسۇن؛
چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىنى پەرۋەردىگارغا ئاتىغان ھالىتى بۇلغانغان.
[13]نازارىيلاردىن بىرى ئۆزىنى پەرۋەردىگارغىلا ئاتىغان كۈنلەر توشقان
كۈنىدە ئۇ توغرۇلۇق قانۇن-بەلگىلىمە مۇنداق: ــ كىشىلەر ئۇنى
جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئەكەلسۇن؛ [14]ئۇ ئۆزى
پەرۋەردىگارغا سۇنۇلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر ياشلىق
بېجىرىم ئەركەك قوزىنى، گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر ياشلىق
چىشى بېجىرىم بىر قوزىنى، ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن بېجىرىم

---

7:6 **«ئۆزىنى ناپاك قىلماسلىقى»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، كىم بىر جەسەتكە تەگكەن بولسا ۋاقىتلىق «ناپاك» دەپ ھېسابلىنىدۇ (ئۇنىڭ مۇقەددەس جايغا يېقىنلىششىغا ياكى قۇربانلىق قىلىشىغا بولمايتتى. «لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» 2:5-3، 11-بابنى كۆرۈڭ). **«بېشىدا... بەلگىسى بولىدۇ»** ــ ئۇزۇن چاچلىرى، دېمەك.

بىر قوشقارنى كەلتۈرسۇن، [15]شۇنداقلا بىر سېۋەت پېتىر نان، زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇندىن پىشۇرۇلغان توقاچلار ھەمدە زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈپ مەسىھلەنگەن پېتىر ھەمەك نانلار ۋە شۇ قۇربانلىقلارنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەلىرى ۋە شاراب ھەدىيەلىرىنى كەلتۈرسۇن. [16]كاھىن بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ، نازارىينىڭ شۇ گۇناھ قۇربانلىقى بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنى سۇنسۇن؛ [17]ئۇ پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ئىناقلىق قۇربانلىقى سۈپىتىدە قوشقارنى سۇنسۇن، ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر سېۋەت پېتىرناننى سۇنسۇن؛ كاھىن شۇلار بىلەن تەڭ نازارىي قوشۇپ تەقدىم قىلغان ئاشلىق ھەدىيەسى بىلەن شاراب ھەدىيەسىنى كەلتۈرۈپ سۇنسۇن. [18]نازارىي جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆزىنى پەرۋەردىگارغا ئاتىغانلىقىغا بەلگە قىلىپ قويۇۋەتكەن چېچىنى چۈشۈرۈپ، چېچىنى ئېلىپ ئىناقلىق قۇربانلىقى ئاستىدىكى ئوتقا قويسۇن. [19]نازارىي شۇ تەرىقىدە ئۆزىنى پەرۋەردىگارغىلا ئاتىغانلىق چېچىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، كاھىن قايناپ پىشۇرۇلغان قوشقارنىڭ بىر ئالدى قولىنى ھەم سېۋەتتىن بىر پېتىر نان بىلەن بىر پېتىر ھەمەك ناننى ئېلىپ كېلىپ نازارىينىڭ قولىغا تۇتقۇزسۇن. [20]كاھىن بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلاتما قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۆرۈسۇن؛ بۇلار پۇلاڭلاتما قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنۇلغان تۆش بىلەن كۆتۈرمە ھەدىيە قىلىنغان ئالدى قول بىلەن قوشۇلۇپ، مۇقەددەس دەپ ھېسابلىنىپ كاھىنغا بېرىلسۇن؛ ئاندىن كېيىن نازارىي شاراب ئىچسە بولىدۇ.

[21]شۇلار بولسا قەسەم ئىچكەن نازارىي توغرىسىدا، ئۆزىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاشتا سۇنۇش زۆرۈر بولغان قۇربانلىق-ھەدىيەلەر توغرىسىدا

---

15:6 **«توقاچلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆز ياكى ھالقىسىمان ياكى چەككۈچ بىلەن تېشىلگەن بىرخىل نانلارنى كۆرسىتىدۇ.

**18:6** روس. 24:21

**20:6** مىس. 27:29

بېكىتىلگەن قانۇن-بەلگىلىمىدۇر؛ شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قولى نېمىگە يەتسە شۇنى سۈنسىمۇ بولىدۇ؛ ئۇ ئىچكەن قەسىمى بويىچە، يەنى ئۆزىنى خۇداغا ئاتاش ۋەدىسى توغرۇلۇق شۇ نىزام-بەلگىلىمە بويىچە ھەممە ئىشنى ئادا قىلسۇن؛ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلسۇن.

## كاھىنلارنىڭ بەخت-بەرىكەت تىلەپ قىلغان سۆزى

[22] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ

[23] سەن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگىن:

ــ سىلەر ئىسرائىللارغا مۇنداق بەخت-بەرىكەت تىلەڭلار: ــ

[24] «پەرۋەردىگار سىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلغاي، سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي؛

[25] پەرۋەردىگار يۈزىنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يورۇتۇپ، سىلەرگە شاپائەت قىلغاي؛

[26] پەرۋەردىگار يۈزىنى ئۈستۈڭلارغا قارىتىپ كۆتۈرۈپ، سىلەرگە خاتىرجەملىك بەرگەي!» ــ دەپ تىلەڭلار.

[27] ئۇلار شۇنداق قىلىپ نامىمنى ئىسرائىللارنىڭ ئۈستىگە قوندۇرىدۇ ۋە مەن ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىمەن.

## ھەرقايسى قەبىلە ئەمىرلىرىنىڭ ھەدىيەلىرى

7 [2-1] مۇسا ئىبادەت چېدىرىنى تىكلىگەن كۈنى، ئۇ چېدىرنى مەسىھ قىلىپ مايلاپ مۇقەددەس قىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ئەسۋاب-جابدۇقلار، قۇربانگاھ ۋە ئۇنىڭ بارلىق قاچا-قۇچا ئەسۋابلىرىنى مەسىھ قىلىپ مايلاپ مۇقەددەس قىلدى؛ شۇ كۈنى شۇنداق بولدىكى، ئىسرائىلنىڭ ئەمىرلىرى، يەنى ئۇلارنىڭ ئاتا جەمەتىنىڭ باشلىقلىرى بولغان، قەبىلە ئەمىرلىرى كېلىپ ھەدىيەلەرنى سۇندى؛ شۇ قەبىلىلەرنىڭ ئەمىرلىرى ساناقتىن

ئۆتكۈزۈش ئىشىغا نازارەت قىلغۇچىلار ئىدى. [3]ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
ھەدىيەلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىغا ھازىر قىلىشتى، كەلتۈرۈلگەن
بۇ ھەدىيەلەر جەمئىي بولۇپ ئالتە ھارۋا، ئون ئىككى ئۆكۈزدىن
ئىبارەت ئىدى؛ ھەر ئىككى ئەمىر بىرلىشىپ بىردىن سايىۋەنلىك
ھارۋا، ھەربىر ئەمىر بىردىن ئۆكۈز ئېلىپ كەلدى؛ ئۇلار بۇ ھەدىيەلەرنى
چېدىرنىڭ ئالدىغا ئەكىلىشتى. [4]پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: ــ
[5]جامائەت چېدىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن سەن بۇ
نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، لاۋىيلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بېجىرىدىغان
ئىشلىرى بويىچە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرگىن، ــ دېدى.
[6]شۇنىڭ بىلەن مۇسا ھارۋا بىلەن ئۆكۈزلەرنى قوبۇل قىلىپ
لاۋىيلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. [7]ئۇ گەرشون ئەۋلادلىرىنىڭ قىلىدىغان
ئىشلىرىغا ئاساسەن، ئۇلارغا ئىككى ھارۋا بىلەن تۆت ئۆكۈز
بەردى. [8]مەرارى ئەۋلادلىرىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىغا ئاساسەن،
ئۇلارغا تۆت ھارۋا بىلەن سەككىز ئۆكۈز بەردى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى
كاھىن ھارۇننىڭ ئوغلى ئىتامارغا قارايتتى؛ [9]لېكىن ئۇ كوھاتنىڭ
ئەۋلادلىرىغاھېچنېمە بەرمىدى؛ چۈنكى ئۇلار مۇقەددەس نەرسىلەرنى
كۆتۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى؛ دېمەك، ئۇلار مەسئۇل بولغان نەرسىلەرنى
ئۆز مۈرىسىدە كۆتۈرەتتى.
[10]قۇربانگاھ مايلىنىپ مەسىھلەنگەن كۈنى، ئۇنى خۇداغا بېغىشلاش
يولىدا ئەمىرلەر سۇنىدىغان ھەدىيەلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، قۇربانگاھ
ئالدىغا قويۇشتى. [11]پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ
ئۇلار قۇربانگاھنى بېغىشلاش يولىدا ھەدىيەلىرىنى سۇنسۇن؛ ھەربىر
ئەمىر ئۆز كۈنىدە سۇنسۇن، ــ دېدى.

---

1-2:7 **«ئىبادەت چېدىرى تىكلەش»** قاتارلىق ئىشلار «مىس.» 40-باب، 17-34-ئايەتلەردە تەسۋىرلىنىدۇ. دېمەك، «شۇ كۈنى»دىكى ئىشلار «چۆل.» 1-6-بابلاردىكى ئىشلاردىن ئاۋۋال، شۇنداقلا «لاۋ.» 11:8تىكى ئىشلاردىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى.

2-1:7 مىس. 18:40

9:7 **«مۇقەددەس نەرسىلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «مۇقەددەس جاي».

[12] بىرىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئامىنادابنىڭ ئوغلى ناھشون بولدى. [13] ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئىبارەتلىكى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئىبارەتلىكى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [14] ئون شەكەل ئىبارەتلىكتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [15] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [16] گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [17] ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار ئامىنادابنىڭ ئوغلى ناھشون سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.

[18] ئىككىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى ئىسساكارنىڭ ئەمىرى زۇئارنىڭ ئوغلى نەتانەل بولدى. [19] ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئىبارەتلىكى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئىبارەتلىكى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [20] ئون شەكەل ئىبارەتلىكتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [21] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [22] گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [23] ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار زۇئارنىڭ ئوغلى نەتانەل سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.

[24] ئۈچىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى زەبۇلۇن ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمىرى ھېلوننىڭ ئوغلى ئېلىئاب بولدى. [25] ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئىبارەتلىكى بىر

---

13:7 **«شەكەل»** كۈمۈشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئادەتتە 11.4 گرامغا باراۋەر بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا 130 شەكەل 1.5 كىلوگرام، 70 شەكەل 0.8 كىلوگرام بولۇشى مۇمكىن. **«مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە»** ــ 47:3-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [26]ئون شەكەل ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [27]كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [28]گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [29]ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار ھېلوننىڭ ئوغلى ئېلىئاب سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.

[30]تۆتىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى رۇبەن ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمىرى شىدۆرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇر بولدى. [31]ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [32]ئون شەكەل ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [33]كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [34]گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [35]ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار شىدۆرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇر سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.

[36]بەشىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى شىمېئون ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمىرى زۇرى-شاددايىنىڭ ئوغلى شېلۇمىيەل بولدى. [37]ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [38]ئون شەكەل

ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [39]كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛
[40]گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [41]ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن
ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛
بۇلار زۇرى-شاددايىنىڭ ئوغلى شېلۇمىيەل سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.

[42]ئالتىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى گاد ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمىرى
دېئۇئەلنىڭ ئوغلى ئەلىئاساف بولدى. [43]ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئېغىرلىقى
بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئېغىرلىقى
يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس
جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق
ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان
ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [44]ئون شەكەل ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي
تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [45]كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر
تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [46]گۇناھ قۇربانلىقى
ئۈچۈن بىر تېكە؛ [47]ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش
قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار دېئۇئەلنىڭ
ئوغلى ئەلىئاساف سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.

[48]يەتتىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى ئەفرائىم ئەۋلادلىرىنىڭ
ئەمىرى ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما بولدى. [49]ئۇ سۇنغان ھەدىيە
ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن،
ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ،
بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە
ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن
مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [50]ئون شەكەل
ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [51]كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك
قوزا؛ [52]گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [53]ئىناقلىق قۇربانلىقى
ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش

ئەركەك قوزا؛ بۇلار ئامىمھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.
[54] سەككىزىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى ماناسسەھ ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمىرى پىداھزۇرنىڭ ئوغلى گامالىيەل بولدى. [55] ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [56] ئون شەكەل ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [57] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [58] گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [59] ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار پىداھزۇرنىڭ ئوغلى گامالىيەل سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.
[60] توققۇزىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى بىنيامىن ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمىرى گىدېئونىنىڭ ئوغلى ئابىدان بولدى. [61] ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [62] ئون شەكەل ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [63] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [64] گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [65] ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار گىدېئونىنىڭ ئوغلى ئابىدان سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.
[66] ئونىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى دان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمىرى ئامىشاددايىنىڭ ئوغلى ئاھىئېزەر بولدى. [67] ئۇ سۇنغان ھەدىيە

ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [68]ئون شەكەل ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [69]كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [70]گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [71]ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار ئەئامىشادداينىڭ ئوغلى ئاھىئېزەر سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.

[72]ئون بىرىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى ئاشىر ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمىرى ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىيەل بولدى. [73]ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [74]ئون شەكەل ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [75]كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [76]گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە؛ [77]ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىيەل سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.

[78]ئون ئىككىنچى كۈنى ھەدىيە سۇنغۇچى نافتالى ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمىرى ئېناننىڭ ئوغلى ئاھىرا بولدى. [79]ئۇ سۇنغان ھەدىيە ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش لېگەن، ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل كېلىدىغان بىر كۈمۈش داس بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئۆلچەندى؛ ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن دەپ ئىككىسىگە زەيتۇن مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان

ئېسىل ئۇن تولدۇرۇلغانىدى؛ [80] ئون شەكەل ئېغىرلىقتا، خۇشبۇي
تولدۇرۇلغان بىر ئالتۇن پىيالە؛ [81] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر
تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىر ئەركەك قوزا؛ [82] گۇناھ قۇربانلىقى
ئۈچۈن بىر تېكە؛ [83] ئىناقلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش
قوچقار، بەش تېكە، بىر ياشلىق بەش ئەركەك قوزا؛ بۇلار ئېناننىڭ
ئوغلى ئاھىرا سۇنغان ھەدىيەلەر ئىدى.
[84] قۇربانگاھ مايلىنىپ مەسىھلەنگەن كۈندە، ئىسرائىل ئەمىرلىرى
قۇربانگاھقا سۇنغان ھەدىيەلەر: — جەمئىي ئون ئىككى كۈمۈش
لېگەن، ئون ئىككى كۈمۈش داس، ئون ئىككى ئالتۇن پىيالە بولدى،
[85] ھەربىر كۈمۈش لېگەننىڭ ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوتتۇز شەكەل، ھەربىر
كۈمۈش داسنىڭ ئېغىرلىقى يەتمىش شەكەل ئىدى؛ مۇشۇ قاچا-
قۇچىغا كەتكەن كۈمۈش مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم
بىرلىكى بويىچە ئۆلچەنگەندە، جەمئىي ئىككى مىڭ تۆت يۈز شەكەل
چىقتى؛ [86] خۇشبۇي بىلەن تولدۇرۇلغان ئالتۇن پىيالە ئون ئىككى
بولۇپ، مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە
ئۆلچەنگەندە، ھەربىر ئالتۇن پىيالىنىڭ ئېغىرلىقى ئون شەكەل چىقتى؛
بۇ ئالتۇن پىيالىلەرنىڭ ئالتۇنى جەمئىي بىر يۈز يىگىرمە شەكەل
چىقتى؛ [87] كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ئۈچۈن بولغان ماللار: — جەمئىي ئون
ئىككى تورپاق، ئون ئىككى قوچقار، ئون ئىككى بىر ياشلىق ئەركەك
قوزا ئىدى، ھەربىرى تېگىشلىك ئاشلىق ھەدىيەلىرى بىلەن بىللە
سۇنۇلدى؛ ئون ئىككى تېكە گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن سۇنۇلدى؛
[88] ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى ئۈچۈن سۇنۇلغىنى جەمئىي يىگىرمە تۆت
بۇقا، ئاتمىش قوچقار، ئاتمىش تېكە، بىر ياشلىق ئاتمىش ئەركەك قوزا
ئىدى. قۇربانگاھ مايلىنىپ مەسىھلىنىپ، ئۇنى خۇداغا بېغىشلاش
يولىدا سۇنۇلغان ھەدىيەلەر مانا مۇشۇلار.
[89] مۇسا پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلەشكىلى جامائەت چېدىرىغا كىرگەن
چېغىدا، ئۇ «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقى»نىڭ ئۈستىدىكى «كەفارەت
تەختى»نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كېرۇبنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۇنىڭ

ئۆزىگە گەپ قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇردى؛ پەرۋەردىگار شۇ يولدا ئۇنىڭغا سۆز قىلاتتى.

## ئالتۇن چىراغدان

8 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: —
[2] سەن ھارۇنغا: «سەن چىراغلار ياقىدىغان چاغدا يەتتە چىراغنىڭ
ھەممىسى چىراغداننىڭ ئالدىنى يورۇتىدىغان بولسۇن» دەپ ئېيتىپ
قوي، — دېدى.
[3] ھارۇن شۇنداق قىلدى؛ ئۇ چىراغدان ئۈستىدىكى چىراغلارنىڭ
ھەممىسىنى ياندۇرۇپ، خۇددى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئېيتقىنىدەك،
چىراغ نۇرنى چىراغداننىڭ ئالدىنى يورۇتىدىغان قىلىپ قويدى.

## لاۋىيلارنىڭ خۇدانىڭ خىزمىتىگە ئاتاپ پاكلىنىپ ئايرىلىشى

[4] چىراغداننىڭ ياسىلىشى مۇنداق: ئۇ ئالتۇندىن بولقا بىلەن سوقۇپ
ياسالغان، پۇتىدىن گۈللىرىگىچە بولقا بىلەن سوقۇپ چىقىرىلغان.
پەرۋەردىگار مۇساغا كۆرسەتكەن نۇسخىدەك، ئۇ چىراغداننى شۇنداق
ياساتتى.

[5] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: —
[6] «سەن ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدىن لاۋىيلارنى تاللاپ چىقىپ پاكلىغىن.
[7] ئۇلارنى پاكلاش ئۈچۈن ئۇلارغا مۇنداق قىل: «كەفارەت سۈيى»نى
ئۇلارنىڭ بەدىنىگە چاچقىن؛ ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرى پۈتۈن بەدىنىنى
ئۇستۇرا بىلەن چۈشۈرسۇن، كىيىملىرىنى يۇيۇپ ئۆزىنى پاك قىلسۇن.

---

89:7 **«پەرۋەردىگار بىلەن»** — ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭ بىلەن». **«پەرۋەردىگار شۇ يولدا...»** — ئىبرانىي تىلدا «ئۇ شۇ يولدا...».

**2:8** مس. 37:25

**4:8** مس. 31:25

8 ئاندىن كېيىن ئۇلار بىر تورپاق بىلەن شۇنىڭغا قوشۇپ ئاشلىق
ھەدىيەسىنى، يەنى زەيتۇن مېيى ئىلەشتۇرۇلگەن ئېسىل ئۇننى
كەلتۈرسۇن؛ سەن گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن يەنە بىر تورپاقنى كەلتۈر.
9 سەن لاۋىيلارنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلتۈر ۋە پۈتۈن
ئىسرائىل جامائىتىنى يىغىپ كەل؛ 10 لاۋىيلارنى پەرۋەردىگارنىڭ
ھۇزۇرىغا ھازىر قىلغىن؛ ئاندىن ئىسرائىللار كېلىپ قوللىرىنى
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويسۇن. 11 ھارۇن لاۋىيلارنى ئىسرائىللارنىڭ
«پۇلاڭلاتما قۇربانلىق»ى سۈپىتىدە پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىنى
قىلسۇن دەپ، پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلسۇن. 12 لاۋىيلار قوللىرىنى
ھېلىقى ئىككى تورپاقنىڭ بېشىغا قويسۇن؛ سەن بىرىنى گۇناھ
قۇربانلىقى بولسۇن، بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن، لاۋىيلار
ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرسۇن دەپ پەرۋەردىگارغا سۇنغىن. 13 سەن
ئاندىن لاۋىيلارنى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىدا
تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى پۇلاڭلاتما قۇربانلىق سۈپىتىدە پەرۋەردىگارغا
ھەدىيە قىل.
14 لاۋىيلار مېنىڭكى بولسۇن دەپ، سەن لاۋىيلارنى ئەنە شۇ تەرىقىدە
ئىسرائىللاردىن ئايرىپ چىق. 15 ئاندىن لاۋىيلار كىرىپ جامائەت
چېدىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلسا بولىدۇ؛ سەن ئۇلارنى پاكلاندۇر،
ئۇلارنى پۇلاڭلاتما قۇربانلىق سۈپىتىدە ھەدىيە قىل. 16 چۈنكى
ئۇلار ئىسرائىللار ئىچىدە پۈتۈنلەي ماڭا ئاتالغان؛ مېنىڭ ئۇلارنى
مېنىڭكى بولسۇن دەپ تاللىشىم ئۇلارنى ئىسرائىللارنىڭ
ئارىسىدا بالىياتقۇنىڭ تۇنجى مېۋىسى ئورنىدا قويغانلىقىمدۇر.
17 چۈنكى ئىسرائىللارنىڭ تۇنجىسى، مەيلى ئۇ ئىنسان ياكى ھايۋان
بولسۇن، پۈتۈنلەي ماڭا تەۋەدۇر؛ مەن مىسىر زېمىنىدا بارلىق

---

**11:8 «ھەدىيە قىلسۇن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئىرغاڭلاتسۇن».

**12:8 «سەن ... پەرۋەردىگارغا سۇنغىن»** ــ تەۋرات بويىچە، بۇ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى كاھىننىڭ ئورنىدا بىردىنبىر قۇربانلىق قىلغان ۋاقتى ئىدى.

**14:8** چۆل. 45:3

تۇنجىلىرىنى ئۆلتۈرگەن كۈنى ئۇلارنى ئۆزۈمگە مۇقەددەس قىلىپ
ئېلىۋالغانىدىم. [18] مېنىڭ لاۋىيلارنى ئۇ يول بىلەن تاللىشىم ئۇلارنى
ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدىكى تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىدا قويۇشۇم ئۈچۈن
دۇر. [19] ۋە جامائەت چېدىرىدا ئىسرائىللارنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن ۋە
ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى تىلەپ كەفارەت كەلتۈرسۇن، شۇنىڭدەك
ئىسرائىللار مۇقەددەس جايغا يېقىنلاشقاندا ئۇلار ئارىسىدا بالا-قازا
چىقمىسۇن دەپ، مەن ئىسرائىللار ئىچىدىن لاۋىيلارنى ھارۇن بىلەن
ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بەردىم». [20] مۇسا، ھارۇن ۋە پۈتكۈل ئىسرائىل
جامائىتى لاۋىيلارنى شۇنداق قىلدى؛ پەرۋەردىگارنىڭ لاۋىيلار
توغرۇلۇق مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك ئىسرائىللار ھەممىسىنى بەجا
كەلتۈردى. [21] لاۋىيلار شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىنى گۇناھتىن پاكلاپ،
كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇپ پاكىزلىدى؛ ھارۇن ئۇلارنى پۇلاڭلاتما
قۇربانلىق سۈپىتىدە پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلدى؛ ھارۇن يەنە
ئۇلارنى پاكلاشقا گۇناھىنى تىلەپ كەفارەت قىلدى. [22] ئاندىن كېيىن
لاۋىيلار كىرىپ ھارۇننىڭ ئالدىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
ئالدىدا، جامائەت چېدىرى ئىچىدىكى ئىشلارنى قىلىشقا كىرىشتى؛
پەرۋەردىگار لاۋىيلار توغرۇلۇق مۇساغا قانداق بۇيرۇغان بولسا،
ئىسرائىللار ئۇنى شۇ بويىچە بەجا كەلتۈردى.
[23] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[24] «لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق بولسۇن: — يىگىرمە بەش ياشتىن
يۇقىرىلىرى كىرىپ جامائەت چېدىرى ئىچىدىكى ئىشلارنى قىلىشقا
سەپكە كىرسۇن؛ [25] ئەللىك ياشقا يەتكەندىن كېيىن سەپتىن چېكىنىپ
شۇ خىزمەتنى قىلمىسۇن؛ [26] لېكىن ئۇلار جامائەت چېدىرى ئىچىدە
قېرىنداشلىرىغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقىشقا

---

**17:8** مىس. 2:13؛ 29:22؛ 19:34؛ لاۋ. 26:27؛ چۆل. 13:3؛ لۇقا 23:2

**18:8** چۆل. 12:3

**24:8** **«سەپكە كىرسۇن»** — ئىبرانىي تىلدا «جەڭ ئۈچۈن قوشۇنغا كىرسۇن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. 4:23نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

بولىدۇ، ئەمما چېدىردىكى رەسمىي ۋەزىپىدە بولمىسۇن. لاۋىيلارنىڭ
ۋەزىپىلىرى ھەققىدە ئۇلارغا ئەنە شۇنداق قىل».

## سىناي چۆل-باياۋاندا «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نى ئۆتكۈزۈش

9 [1]مىسىر زېمىنىدىن چىققاندىن كېيىنكى ئىككىنچى يىلى
بىرىنچى ئايدا، پەرۋەردىگار سىناي چۆلىدە مۇساغا بۇيرۇپ: —
[2]ئىسرائىللار بېكىتىلگەن ۋاقىتتا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى
ئۆتكۈزسۇن؛ [3]يەنى مۇشۇ ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى گۇگۇمدا،
بېكىتىلگەن ۋاقىتتا، بارلىق بەلگىلىمە ۋە قائىدە-تەرتىپ بويىچە
ھېيتنى ئۆتكۈزۈڭلار، — دېدى. [4]شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئىسرائىللارغا
سۆز قىلىپ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. [5]ئۇلار
بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى گۇگۇمدا، سىناي چۆلىدە ئۆتۈپ
كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزدى؛ پەرۋەردىگار مۇساغا قانداق بۇيرۇغان
بولسا، ئىسرائىللار شۇنداق قىلدى.
[6]بىر نەچچەيلەن بىر ئۆلۈككە تېگىپ كېتىپ ناپاك بولۇپ قالغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇلار شۇ كۈنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزەلمىدى-دە، ئۇلار
شۇ كۈنى مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇساغا: —
[7]بىز ئۆلۈپ قالغان ئادەمگە تېگىپ كېتىپ ناپاك بولۇپ قالغان
بولساقمۇ، لېكىن نېمىشقا ئىسرائىللارنىڭ قاتارىدا، بېكىتىلگەن
ۋاقىتتا پەرۋەردىگارغا سۇنۇشقا كېرەك بولغىنىنى ئېلىپ كېلىشتىن
رەت قىلىنىمىز؟ — دېيىشتى.
[8]— توختاپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ پەرۋەردىگار سىلەر توغراڭلاردا نېمە
بۇيرۇيدىكىن، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى مۇسا ئۇلارغا.

---

**2:9** مىس. 1:12-28؛ لاۋ. 5:23؛ چۆل. 16:28؛ قان. 2:16

**3:9 «گۇگۇم»** — ئىبرانىي تىلدا «ئىككى كەچ ئارىلىقىدا» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ — دېمەك شەپەق ۋاقتى، «كۈن پېتىش» ۋە قاراڭغۇلۇق ئارىلىقىدا بولغان ۋاقىت.

**5:9 «گۇگۇم»** — 3-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

[9]پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[10]سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: «سىلەر ۋە سىلەرنىڭ
ئەۋلادلىرىڭلار ئىچىدە بەزىلەر ئۆلۈكلەرگە تېگىپ كېتىپ ناپاك
بولۇپ قالغان بولسا ياكى ئۇزاق سەپەر ئۈستىدە بولسا، ئۇلار
يەنىلا پەرۋەردىگار ئۈچۈن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشكە
بولىدۇ. [11]ئۇنداق كىشىلەر ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى
كۈنى گۈگۈمدا ھېيتنى ئۆتكۈزسۇن؛ ھېيت تائامىنى پېتىر نان ۋە
ئاچچىق كۆكتاتلار بىلەن بىللە يېسۇن؛ [12]ئۇلاردىن ئەتىگە ئازراقمۇ
قالدۇرمىسۇن ۋە قوزىسىنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن بىرەرسىنىمۇ
سۇندۇرغۇچى بولمىسۇن؛ ئۇلار ھېيتنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ
بارلىق بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئۆتكۈزسۇن. [13]ھالبۇكى، پاك
بولغان، سەپەر ئۈستىدىمۇ بولمىغان ئەمما ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى
ئۆتكۈزۈشكە ئېتىبار بەرمىگەن كىشى بولسا ئۇ ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ
تاشلىنىدۇ؛ چۈنكى بېكىتىلگەن ۋاقىتتا پەرۋەردىگارغا سۇنۇش
كېرەك بولغىنىنى سۇنمىغانلىق ئۈچۈن، ئۇ ئۆز گۇناھىنى ئۆز
ئۈستىگە ئالىدۇ. [14]ئەگەر ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان يات ئەللىك بىر
مۇساپىر پەرۋەردىگار ئۈچۈن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشنى
خالىسا، ئۇ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە
قائىدە-تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزسۇن؛ يات ئەللىك مۇساپىرلار ئۈچۈن
ۋە زېمىندا تۇغۇلغانلار ئۈچۈنمۇ ئاراڭلاردا شۇ بىرلا نىزام بولسۇن.

---

**10:9 «ئۇلار يەنىلا پەرۋەردىگار ئۈچۈن ئۆتۈپ كېتىش ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ»** ــ ياكى «ئۇ يەنىلا پەرۋەردىگار ئۈچۈن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزىدۇ».

**11:9 «گۈگۈم»** ــ 3-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**12:9 ««ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دىكى قوزا»** ــ «مىس.» 46:12، «يۇھ.» 36:19نى كۆرۈڭ.

**12:9** مىس. 46:12؛ يۇھ. 33:19، 36

**13:9 «ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** ــ بۇ ئىبارە ئادەتتە ئادەمنىڭ خۇدانىڭ بىۋاستە جازاسى بىلەن دۇنيادىن كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. «مىس.» 19:12دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**14:9** مىس. 49:12

# خۇدانىڭ ئىسرائىللارنى چۆل-باياۋاندا ئۆز بۇلۇتى ۋە ئوتى بىلەن يېتەكلىشى

[15] ئىبادەت چېدىرى تىكلەنگەن كۈنى، بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنى، يەنى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرىنى قاپلاپ تۇردى؛ كەچتىن تاكى ئەتىگەنگىچە، بۇلۇت خۇددى ئوتتەك ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە تۇردى. [16] دائىم شۇنداق بولاتتى؛ كۈندۈزى بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنى قاپلاپ تۇراتتى، كېچىسى ئۇ ئوتقا ئوخشايتتى. [17] قاچانىكى بۇلۇت جامائەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلسە، ئىسرائىللار يولغا چىقاتتى؛ بۇلۇت قەيەردە توختىسا، ئىسرائىللار شۇ يەردە بارگاھ تىكەتتى. [18] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ماڭاتتى، پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بارگاھ تىكەتتى؛ بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە قانچە ئۇزاق توختىسا، ئۇلار بارگاھتا شۇنچە ئۇزاق تۇراتتى. [19] بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە خېلى كۈنلەرگىچە توختاپ تۇرسا، ئىسرائىللارمۇ پەرۋەردىگارنىڭ كۆرسەتمىسىنى تۇتۇپ سەپەرگە چىقمايتتى؛ [20] مۇبادا بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە پەقەت بىرنەچچە كۈنلا توختىسا، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە شۇ ۋاقىتتا بارگاھ قۇرۇپ ياتاتتى، ئاندىن يەنە پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سەپەرگە ئاتلىناتتى. [21] ۋە مۇبادا بۇلۇت پەقەتلا كەچتىن ئەتىگەنگىچە توختاپ، ئەتىسىگەندە بۇلۇت يەنە كۆتۈرۈلسە، ئۇلار يەنە يولغا چىقاتتى؛ مەيلى كۈندۈزى ياكى كېچىسى بۇلۇت كۆتۈرۈلسىلا، ئۇلار سەپەرگە چىقاتتى. [22] بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇنراق تۇرسا، مەيلى ئىككى كۈن، بىر ئاي، بىر يىل تۇرسىمۇ، ئىسرائىللار يولغا چىقماي بارگاھتا تۇرۇۋېرەتتى؛ لېكىن بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ ماڭسىلا ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى.

---

15:9 **«ئىبادەت چېدىرىنى قاپلىغان بۇلۇت»** ــ «مىس.» 34:40-38نى كۆرۈڭ.

**15:9** مىس. 34:40

**18:9** 1كور. 1:10

**22:9** مىس. 36:40، 37

[23] پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلار بارگاھ قۇراتتى، پەرۋەردىگارنىڭ
بۇيرۇقى بىلەن ئۇلار سەپەرنى داۋاملاشتۇراتتى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ
مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بەرگەن ئەمرى بويىچە، پەرۋەردىگارنىڭ
كۆرسەتمىسىنى تۇتاتتى.

## كۈمۈش كاناي چېلىنىش ۋاقىتلىرى

10 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[2] سەن ئۆزۈڭگە ئىككى كاناي ياساتقىن؛ ئۇلارنى كۈمۈشتىن
سوقتۇر. ئۇلار جامائەتنى يىغىشقا، شۇنداقلا جامائەتنى بارگاھلىرىنى
يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقىشقا چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. [3] ئىككى
كاناي چېلىنغاندا پۈتكۈل جامائەت سېنىڭ يېنىڭغا جامائەت
چېدىرى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىدىغان بولسۇن. [4] ئەگەر يالغۇز
بىرى چېلىنسا، ئەمىرلىرى، يەنى مىڭلىغان ئىسرائىللارنىڭ
مىڭبېشىلىرى سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپ يىغىلسۇن. [5] سىلەر قاتتىق
يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چالغاندا كۈن چىقىش تەرەپتىكى بارگاھلار يولغا
چىقسۇن. [6] ئاندىن سىلەر ئىككىنچى قېتىم قاتتىق، يۇقىرى ئاۋاز
بىلەن چالغاندا جەنۇب تەرەپتىكى بارگاھلار يولغا چىقسۇن؛ ئۇلار يولغا
چىققان چاغدا كاناي قاتتىق، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چېلىنىشى كېرەكتۇر.
[7] جامائەتنى يىغىلىشقا چاقىرىدىغان چاغدا، كاناي چېلىڭلار، ئەمما
قاتتىق، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چالماڭلار؛ [8] ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى، كاھىن
بولغانلار كانايلارنى چالسۇن؛ بۇلار سىلەرگە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد بىر ئەبەدىي
بەلگىلىمە بولسۇن. [9] ئەگەر سىلەر ئۆز زېمىنىڭلاردا سىلەرگە زۇلۇم
سالغان دۈشمىنىڭلار بىلەن جەڭ قىلىشقا چىقساڭلار، قاتتىق، يۇقىرى
ئاۋاز بىلەن چېلىڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ خۇداسى بولغان
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ياد ئېتىلىپ، دۈشمىنىڭلاردىن قۇتۇلىسىلەر.

---

5:10 **«قاتتىق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئاگاھ ئاۋازى بىلەن».
8:10 **«بۇلار»** — كانايلار ئۆزلىرى.

[10] بۇنىڭدىن باشقا، خۇشال كۈنلىرىڭلاردا، بېكىتىلگەن ھېيتلىرىڭلاردا
ۋە ئاينىڭ بىرىنچى كۈنلىرىدە، سىلەر كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە
ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇنغىنىڭلاردا، قۇربانلىقلارنىڭ ئالدىدا
تۇرۇپ كاناي چېلىڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن كانايلار سىلەرنى خۇدايىڭلارغا
ئەسلەتكۈچى بولىدۇ؛ مەن خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن.

## سىنايدىن يولغا چىقىش تەرتىپى

[11] ئىككىنچى يىلى، ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى بۇلۇت
ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرىنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلدى؛ [12] شۇنىڭ بىلەن
ئىسرائىللار سىناي چۆلىدىن چىقىپ، يول ئېلىپ سەپەرلىرىنى
باشلىدى؛ بۇلۇت پاران چۆلىدە توختىدى. [13] بۇ ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىم
پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلغان ئەمرى بويىچە
يولغا چىقىشى بولدى. [14] يەھۇدا بارگاھى ئۆزىنىڭ تۇغى ئاستىدا
قوشۇن-قوشۇن بولۇپ ئالدى بىلەن يولغا چىقتى؛ قوشۇنىنىڭ باشلىقى
ئاممىنادابنىڭ ئوغلى ناھشون ئىدى. [15] ئىسساكار قەبىلىسى
قوشۇنىنىڭ باشلىقى زۇئارنىڭ ئوغلى نەتانەل ئىدى. [16] زەبۇلۇن
قەبىلىسى قوشۇنىنىڭ باشلىقى ھېلوننىڭ ئوغلى ئېلىئاب ئىدى.
[17] ئاندىن ئىبادەت چېدىرى چۇۋۇلۇپ، گەرشوننىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن
مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى.
[18] رۇبەن بارگاھى ئۆزىنىڭ تۇغى ئاستىدا قوشۇن-قوشۇن بولۇپ
يولغا چىقتى؛ قوشۇنىنىڭ باشلىقى شىدۆرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇر
ئىدى. [19] شىمېئون قەبىلىسى قوشۇنىنىڭ باشلىقى زۇرى-شادداينىڭ
ئوغلى شېلۇمىيەل ئىدى. [20] گاد قەبىلىسى قوشۇنىنىڭ باشلىقى

**11:10 «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق»** — مۇشۇ يەردە «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق» خۇدانىڭ ئىسرائىلغا ئاتا قىلغان تۈپ ئەمرلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسرائىل بىلەن بولىدىغان ئەھدىسىنى كۆرسىتىدۇ («مىس.» 20-بابنى كۆرۈڭ). خۇدانىڭ مۇقەددەس ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى شۇ ئەمرلەردە ئايان قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق»ى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇ ئەمرلەر «ئەھدە ساندۇقى» ئىچىدە ساقلاقلىق تاش تاختايلار ئۈستىگە پۈتۈلگەن («مىس.» 20:40نى كۆرۈڭ).

**14:10** چۆل. 7:1؛ 3:2

دېئۇئەلنىڭ ئوغلى ئەلىئاساف ئىدى. 21 ئاندىن كوھاتلار مۇقەددەس
بۇيۇملارنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى؛ ئۇلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن
ئىبادەت چېدىرىنى كۆتۈرگۈچىلەر كېلىپ ئۇنى تىكلەپ قويۇشقانىدى.
22 ئەفرائىم بارگاھى ئۆزىنىڭ تۇغى ئاستىدا قوشۇن-قوشۇن بولۇپ
يولغا چىقتى؛ قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما
ئىدى. 23 ماناسسەھ قەبىلىسى قوشۇنىنىڭ باشلىقى پېداھزۇرنىڭ
ئوغلى گامالىيەل ئىدى. 24 بىنيامىن قەبىلىسى قوشۇنىنىڭ باشلىقى
گىدېئونىنىڭ ئوغلى ئابىدان ئىدى.
25 دان بارگاھى ھەممە بارگاھلارنىڭ ئارقا مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ،
ئۆزىنىڭ تۇغى ئاستىدا قوشۇن-قوشۇن بولۇپ يولغا چىقتى؛ قوشۇنىنىڭ
باشلىقى ئاممىشادداينىڭ ئوغلى ئاھىئېزەر ئىدى. 26 ئاشىر قەبىلىسى
قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىيەل ئىدى. 27 نافتالى
قەبىلىسى قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئېناننىڭ ئوغلى ئاھىرا ئىدى.
28 بۇلار ئىسرائىللار يولغا چىققاندا قوشۇن-قوشۇن بولۇپ مېڭىش
تەرتىپى ئىدى؛ ئۇلار شۇ تەرىقىدە يولغا چىقتى.

## مۇسانىڭ قېيىنئاكىسى ھوبابقا بولغان تەلىپى

29 مۇسا ئۆزىنىڭ قېيىناتىسى، مىدىيانلىق رېئۇئەلنىڭ ئوغلى ھوبابقا:
— بىز پەرۋەردىگار ۋەدە قىلغان يەرگە قاراپ سەپەر قىلىۋاتىمىز، ئۇ:
«مەن ئۇ يەرنى سىلەرگە مىراس قىلىپ بېرىمەن» دېگەن؛ ئۆزلىرىنىڭ
بىز بىلەن بىللە مېڭىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، بىز سىلىگە ياخشى
قارايمىز، چۈنكى پەرۋەردىگار ئىسرائىل توغرۇلۇق بەخت-سائادەت
ئاتا قىلىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن، — دېدى.
30 لېكىن ھوباب مۇساغا: — ياق، مەن ئۆز يۇرتۇم، ئۆز ئۇرۇق-
تۇغقانلىرىمغا كېتىمەن، — دېدى.
31 مۇسا ئۇنىڭغا: بىزدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلە؛ چۈنكى سىلى
چۆلدە قانداق بارگاھ قۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى بىلىلا، سىلى بىزگە

21:10 چۆل. 4:4

كۆز بولۇپ بەرسىلە. [32] شۇنداق بولىدۇكى، بىز بىللە بارساڭ،
كەلگۈسىدە پەرۋەردىگار بىزگە قانداق ياخشىلىق قىلسا، بىزمۇ
سىلىگە شۇنداق قىلىمىز! – دېدى.
[33] ئىسرائىللار پەرۋەردىگار تېغىدىن يولغا چىقىپ ئۈچ كۈن يول ماڭدى؛
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئۇلارغا ئارام ئالىدىغان يەر ئىزدەپ
ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈچ كۈن يول باشلاپ ماڭدى.
[34] ئۇلار چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقىدىغان چاغلاردا،
پەرۋەردىگارنىڭ بۇلۇتى ھامان ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بولاتتى. [35] ئەھدە
ساندۇقى يولغا چىقىدىغان چاغدا مۇسا: «ئورنۇڭدىن تۇرغايسەن، ئى
پەرۋەردىگار؛ دۈشمەنلىرىڭ تىرىپىرەن بولسۇن؛ ساڭا ئۆچلەر يۈزۈڭنىڭ
ئالدىدىن قاچسۇن!» – دەيتتى. [36] ئەھدە ساندۇقى توختىغان چاغدا
ئۇ: «قايتىپ كەلگەيسەن، ئى پەرۋەردىگار، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن
ئىسرائىل خەلقى ئارىسىغا قايتىپ كەلگەيسەن!» – دەيتتى.

## خەلقنىڭ يول بويى غوتۇلدىشىپ
## پەرۋەردىگارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشى

11 [1] ۋە شۇنداق بولدىكى، خەلق غوتۇلدىشاتتى، ئۇلارنىڭ
غوتۇلداشلىرى پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ ئىنتايىن
رەزىل ئاڭلاندى؛ ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ غەزىپى قوزغالدى؛
پەرۋەردىگارنىڭ ئوت-يالقۇنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇتىشىپ، بارگاھنىڭ
چېتىدىكى بەزىلەرنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. [2] خەلق بۇ چاغدا
مۇساغا يالۋۇرىۋىدى، مۇسا پەرۋەردىگاردىن تىلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن
ئوت پەسىيىپ ئۆچتى. [3] پەرۋەردىگارنىڭ ئوتى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
تۇتاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۇ يەرگە «تابەراھ» دەپ ئات قويدى.

---

**35:10** زەب. 2-1:68

**1:11** قان. 22:9؛ زەب. 21:78؛ 18-13:106

**3:11** **«تابەراھ»** ــ «كۆيۈش» دېگەن مەنىدە.

## خەلقنىڭ ئوزۇق توغرۇلۇق غوتۇلداشلىرى

[4]ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شالغۇت كىشىلەرنىڭ نەپسى تاقىلداپ
كەتتى، ئىسرائىللارمۇ يەنە يىغلاشقا باشلىدى: «ئەمدى بىزگە كىم
گۆش بېرىدۇ؟ [5]ھېلىمۇ ئېسىمىزدىكى، بىز مىسىردىكى چاغلاردا پۇل
خەجلىمەي تۇرۇپمۇ بېلىق يېيەلەيتتۇق، يەنە تەرخەمەك، تاۋۇز، پىياز
ۋە كۆدە پىياز بىلەن سامساقمۇ بار ئىدى. [6]مانا بۇ يەردە ھازىر كۆز
ئالدىمىزدا ماننادىن باشقا ھېچنېمە يوق، ئەمدى بىزنىڭ جېنىمىزمۇ
قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېيىشتى.
[7]ماننا گويا يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىغا، كۆرۈنۈشى گويا كەھرىۋاغا
ئوخشايتتى. [8]كىشىلەر ئۇيان-بۇيان چېپىپ ئۇنى يىغىپ، بەزىدە
يارغۇنچاقتا ئېزىپ، بەزىدە ھاۋانچىدا سوقۇپ، يا بەزىدە قازاندا
پىشۇرۇپ نان قىلىپ يەيتتى؛ تەمى زەيتۇن مايلىق توقاچلارغا ئوخشاي
تتى. [9]كېچىدە بارگاھقا شەبنەم چۈشكەندە، ماننامۇ شۇنىڭ ئۈستىگە
چۈشەتتى.
[10]مۇسا خەلقنىڭ ئائىلىمۇ-ئائىلە ھەربىرى ئۆز چېدىرىنىڭ ئىشىكى
ئالدىدا يىغا-زار قىلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىدى؛ بۇنىڭغا پەرۋەردىگارنىڭ
غەزىپى قاتتىق قوزغالدى، بۇ ئىش مۇسانىڭ نەزىرىدىمۇ يامان
كۆرۈندى. [11]مۇسا پەرۋەردىگارغا: —
سەن بۇ بارلىق خەلقنىڭ ئېغىر يۈكىنى ماڭا ئارتىپ قويۇپ، مەن
قۇلۇڭنى نېمىشقا بۇنداق قىينايسەن؟ نېمىشقا مەن سېنىڭ ئالدىڭدا
ئىلتىپات تاپمايمەن؟ [12]يا مەن بۇ پۈتۈن خەلققە ھامىلدار بولۇپ،
ئۇلارنى تۇغدۇممۇ؟ سەن تېخى ماڭا: «سەن ئۇلارنى مەن قەسەم ئىچىپ

---

4:11 **«شالغۇت كىشىلەر»** — بەزىلەر «بىكار تەلەپلەر» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. لېكىن كېيىنكى سۆزلەردىن قارىغاندا، ئۇلار بەلكىم ئىسرائىللاردىن ئايرىم، باشقا بىرنەچچە مىللەتلەردىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن.

**4:11** مىس. 38:12؛ 3:16؛ زەب. 14:106؛ 1كور. 6:10

**7:11** مىس. 14:16، 31؛ زەب. 78:24-25؛ يۇھ. 31:6، 49

8:11 **«تەمى زەيتۇن مايلىق توقاچلارغا ئوخشايتتى»** — ياكى «تەمى تاتلىق زەيتۇن مايغا ئوخشايتتى».

ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا مىراس قىلغان شۇ يەرگە يەتكۈزگۈچە، خۇددى باققان ئاتىسى ئەمچەكتىكى بوۋاقنى باغرىغا ئالغاندەك باغرىڭغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭ» دەۋاتىسەن؟ [13] مەن بۇ خەلققە نەدىن گۆش تېپىپ بېرەلەيمەن؟ چۈنكى ئۇلار ماڭا يىغلاپ: «سەن بىزگە يېگۈدەك گۆش تېپىپ بەر!» دېيىشمەكتە. [14] مەن بۇ خەلقنى كۆتۈرۈشنى يالغۇز ئۈستۈمگە ئېلىپ كېتەلمەيدىكەنمەن، بۇ ئىش ماڭا بەك ئېغىر كېلىۋاتىدۇ. [15] ئەگەر سەن ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلماقچى بولساڭ، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ خاراب ھالىتىمنى ماڭا كۆرسەتمەي، ئىلتىپات قىلىپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەت! ــ دېدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا يەتمىش ئاقساقالنى تاللاپ چىقىشنى بۇيرۇشى

[16] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ
ئىسرائىل ئاقساقاللىرى ئىچىدىن، سەن يېنىمغا تونۇيدىغان خەلق ئاقساقاللىرى ۋە بەگلەردىن يەتمىشنى تاللاپ يىغقىن، ئۇلارنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئەكەل. ئۇلار سېنىڭ بىلەن بىللە شۇ يەردە تۇرسۇن. [17] مەن شۇ يەرگە چۈشۈپ سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن؛ ۋە سېنىڭ ئۈستۈڭدە تۇرۇۋاتقان روھنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگىمۇ بۆلۈپ قويىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەن بىلەن بىللە خەلقنى كۆتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئاندىن سەن ئۇنى ئۆزۈڭ يالغۇز كۆتۈرمەيدىغان بولىسەن. [18] سەن خەلققە مۇنداق دېگىن: «ئەتە گۆش يېيىشكە تەييارلىنىپ ئۆزەڭلەرنى خۇداغا ئاتاپ پاكلاڭلار؛ چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتىپ يىغلاپ: «ئەمدى كىم بىزگە گۆش بېرىدۇ؟ ئاھ، مىسىردىكى ھالىمىز بەك ياخشى ئىدى!» دېگەنىدىڭلار ئەمەسمۇ؟ پەرۋەردىگار دەرۋەقە سىلەرگە گۆش بېرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭدىن يەيسىلەر. [19] سىلەر بىر كۈن، ئىككى كۈن

17:11 **«سېنىڭ ئۈستۈڭدە تۇرۇۋاتقان روھ»** ــ شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھى. 29-ئايەتنى كۆرۈڭ.

ئەمەس، بەش كۈن، ئون كۈن ئەمەس، يىگىرمە كۈنمۇ ئەمەس، [20] بەلكى
پۈتۈن بىر ئاي يەيسىلەر، تاكى بۇرنۇڭلاردىن ئېتىلىپ چىقىپ ھۆ
بولغۇچە يەيسىلەر؛ چۈنكى سىلەر ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان پەرۋەردىگارنى
مەنسىتمەي، ئۇنىڭ ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ: «بىز نېمە ئۈچۈن
مىسىردىن چىقتۇق؟» — دېدىڭلار».
[21] مۇسا: — مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان بۇ خەلقتىن يولغا
چىقالايدىغان ئەركەكلەر ئالتە يۈز مىڭ تۇرسا، سەن تېخى: «مەن
ئۇلارنى گۆش يەيدىغان، ھەتتا پۈتۈن بىر ئاي گۆش يەيدىغان قىلىمەن»
دەيسەن؛ [22] ئەمىسە قوي، كالا پادىلىرىنىڭ ھەممىسى سويۇلسا ئۇلارغا
يېتەمدۇ؟ ياكى دېڭىزدىكى ھەممە بېلىق ئۇلارغا تۇتۇپ بېرىلسە،
ئۇلارنىڭ يېيىشىگە يېتەرمۇ؟ — دېدى.
[23] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇساغا: — پەرۋەردىگارنىڭ قولى قىسقا
بولۇپ قاپتىمۇ؟ ئەمدى كۆرۈپ باققىنە، مېنىڭ ساڭا دېگەن سۆزۈم
ئەمەلگە ئاشۇرۇلامدۇ-يوق؟ — دېدى.
[24] شۇنىڭ بىلەن مۇسا چىقىپ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى خەلققە
يەتكۈزدى ۋە خەلق ئىچىدىكى ئاقساقاللاردىن يەتمىش ئادەمنى تاللاپ
يىغىپ ئۇلارنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغۇزدى. [25] ئاندىن
پەرۋەردىگار بۇلۇت ئىچىدە چۈشۈپ، مۇسا بىلەن سۆزلىشىپ،
ئۇنىڭدىكى روھتىن ئېلىپ يەتمىش ئاقساقالغا قويدى؛ روھ ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە قونۇشى بىلەن ئۇلار بېشارەت بېرىشكە كىرىشتى. لېكىن
شۇ ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. [26] لېكىن ئۇ چاغدا
ئۇلاردىن ئىككى ئادەم بارگاھتا قالدى؛ بىرسىنىڭ ئىسمى ئەلداد،
ئىككىنچىسى مېداد ئىدى (ئۇلار ئەسلىدە ئاقساقاللارنىڭ ئارىسىدا
تىزىملانغانىدى، لېكىن ئىبادەت چېدىرىغا چىقماي قالغانىدى). روھ

---

**20:11** چۆل. 5:21

**21:11** **«يولغا چىقالايدىغان ئەركەكلەر»** — ياكى «پىيادە ئەسكەرلەر». 1:46نى كۆرۈڭ.

**22:11** يۇھ. 7:6

**23:11** يەش. 2:50؛ 1:59

ئۇلارنىڭ ئۈستىدىمۇ قوندى ۋە ئۇلار بارگاھ ئىچىدە بېشارەت بېرىشكە
باشلىدى. 27 ياش بىر يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇساغا: —
ئەلداد بىلەن مېداد بارگاھتا بېشارەت بېرىۋاتىدۇ، — دېدى. 28 مۇسانىڭ
خىزمەتكارى، مۇسا تاللىغان سەرخىل يىگىتلىرىدىن بىرى، نۇننىڭ
ئوغلى يەشۇئا قوپۇپ: —
ئى خوجام مۇسا، ئۇلارنى توسۇغايلا، — دېدى. 29 لېكىن مۇسا ئۇنىڭغا:
— سەن مېنىڭ سەۋەبىمدىن ھەسەت قىلىۋاتامسەن؟ پەرۋەردىگارنىڭ
پۈتۈن خەلقى پەيغەمبەر بولۇپ كەتسە ئىدى،
پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ روھىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويسا ئىدى! — دېدى.
30 شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن ئىسرائىل ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى
بارگاھقا قايتىپ كېتىشتى.

## پەرۋەردىگارنىڭ بۆدۈنە چۈشۈرۈشى

31 ئەمدى پەرۋەردىگار ئالدىدىن بىر شامال چىقىپ، ئۇ دېڭىز تەرەپتىن
بۆدۈنىلەرنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ، بارگاھنىڭ ئەتراپىغا يېيىۋەتتى؛
بۆدۈنىلەر بارگاھنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ بىر كۈنلۈك يول، بۇ تەرىپىدىمۇ
بىر كۈنلۈك يول كەلگۈدەك يەر يۈزىنى ئىككى گەز ئېگىزلىكتە
كەلگۈدەك قاپلىدى.
32 خەلق ئورنىدىن تۇرۇپ پۈتكۈل شۇ كۈنى، شۇ كېچىسى ۋە ئەتىسى پۈتۈن
كۈن بۆدۈنە تۇتۇپ يىغدى، ئەڭ ئاز دېگەنلىرىمۇ ئالاھازەل ئىككى خومىر
يىغدى؛ ئۇلار بۇلارنى بارگاھنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئۆزلىرى ئۈچۈن يېيىشتى.
33 ئۇلار گۆشنى چايناپ ئېزىپ بولماي، گۆش تېخى چىشلىرى ئارىسىدا
تۇرغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئۇلارغا قوزغىلىپ، خەلقنى ئىنتايىن

---

31:11 **«يەر يۈزىنى ئىككى گەز ئېگىزلىكتە كەلگۈدەك قاپلىدى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «يەر يۈزىدىن ئالاھازەل ئىككى گەز ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كەلدى». **«گەز»** — مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز» ئادەمنىڭ قولىنىڭ جەينەكتىن بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقى (تەخمىنەن 45 سانتىمېتر) ئىدى.

**31:11** مىس. 13:16؛ زەب. 78:26-28

ئېغىر بىر ۋابا بىلەن ئۇردى. [34] شۇڭا كىشىلەر شۇ يەرنى «قىبروت-
هاتتاۋاھ» دەپ ئاتىدى؛ چۈنكى ئۇلار شۇ يەردە نەپسى تاقىلدىغان
كىشىلەرنى يەرلىككە قويغانىدى. [35] كېيىن خەلق قىبروت-هاتتاۋاھتىن
يولغا چىقىپ هازىروتقا كېلىپ، هازىروتتا توختىدى.

## مەرىيەم بىلەن هارۇننىڭ مۇساغا قارا چاپلىغانلىقى

12 [1] مەرىيەم بىلەن هارۇن مۇسانىڭ هەبەشلىك قىزنى خوتۇنلۇققا
ئالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى سۆز قىلدى (چۈنكى ئۇ
هەبەشلىك بىر قىزنى ئالغانىدى). [2] ئۇلار: — پەرۋەردىگار پەقەت مۇسا
بىلەنلا سۆزلىشىپ، بىز بىلەن سۆزلەشمەپتىمۇ؟ — دېيىشتى. بۇ گەپنى
پەرۋەردىگار ئاڭلىدى. [3] مۇسا دېگەن بۇ ئادەم ئىنتايىن كەمتەر-مۆمىن
ئادەم بولۇپ، بۇ تەرەپتە يەر يۈزىدىكىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ئالدىغا
ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى.
[4] پەرۋەردىگار مۇسا، هارۇن ۋە مەرىيەمگە تۇيۇقسىز: — سىلەر ئۈچۈڭلار
جامائەت چېدىرىغا كېلىڭلار، — دېدى.
ئۈچىلىسى چىقىپ كەلدى.
[5] ئاندىن پەرۋەردىگار ئەرشتىن بۇلۇت تۈۋرۈكى ئىچىدە چۈشۈپ،
جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىدا توختاپ، هارۇن بىلەن مەرىيەمنى
قىچقىرىۋىدى، ئۇلار ئالدىغا كەلدى.

33:11 **«پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئۇلارغا قوزغىلىپ، خەلقنى... ئۇردى»** — خۇدا نېمىشقا خەلق قاقشىغان ۋاقتىدا ئەمەس، بەلكى دەل بۆدۈنلىرىگە ئېغىز تەگكەندە ئۇلارنى ئۇردى؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلارنى شۇ ئىشتا سىنىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ گۇمانلىنىپ: «ئەمدى بىزگە كىم گۆش بېرىدۇ؟» — دېيىشكەنىدى (4-ئايەت). بىراق خۇدا ئۇلارغا كۆز ئالدىدا گۆش بەرگىنى بىلەن، ئۇلار گۇماندىن توۋا قىلمىدى ياكى تەشەككۇر ئېيتمىدى.

**33:11** زەب. 78:29-31

34:11 **«قىبروت-هاتتاۋاھ»** — مەنىسى «نەپسانىيەتنىڭ قەبرىلىرى».

1:12 **«هەبەشلىك»** — «ئېفىئوپىيەلىك» دېگەننىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. تېكىستتە، مۇسانىڭ بىرىنچى ئايالى بولغان زىپپوراھنىڭ هايات ياكى ئەمەسلىكى توغرۇلۇق خەۋەر بېرىلمەيدۇ.

[6]ئۇ ئۇلارغا: ــ ئەمدى سىلەر گېپىمنى ئاڭلاڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ
ئاراڭلاردا پەيغەمبەر بولسا، مەن پەرۋەردىگار ئالامەت كۆرۈنۈشتە
ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئايان قىلىمەن، چۈشىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.
[7]لېكىن قۇلۇم مۇساغا نىسبەتەن ئۇنداق ئەمەس؛ ئۇ بارلىق ئائىلەم
ئىچىدە تولىمۇ سادىقتۇر؛ [8]مەن ئۇنىڭ بىلەن تېپىشماق ئېيتىپ
ئولتۇرماي، يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ بىۋاسىتە سۆزلىشىمەن؛ ئۇ مەن
پەرۋەردىگارنىڭ قىياپىتىنى كۆرەلەيدۇ. ئەمدى سىلەر نېمىشقا قۇلۇم
مۇسا توغرۇلۇق يامان گەپ قىلىشتىن قورقمىدىڭلار؟ ــ دېدى.

## مەريەمنىڭ ماخاۋ بولۇپ قالغانلىقى

[9]پەرۋەردىگارنىڭ ئوتلۇق غەزىپى ئۇلارغا قوزغالدى ۋە ئۇ كېتىپ قالدى.
[10]شۇنىڭ بىلەن بۇلۇت جامائەت چېدىرى ئۈستىدىن كەتتى، ۋە مانا،
مەريەم خۇددى ئاپئاق قاردەك پېسە-ماخاۋ بولۇپ كەتتى؛ هارۇن
بۇرۇلۇپ مەريەمگە قارىۋىدى، مانا، ئۇ پېسە-ماخاۋ بولۇپ قالغانىدى.
[11]هارۇن مۇساغا: ــ
ۋاي خوجام! نادانلىق قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىمىز
سەۋەبىدىن بۇ گۇناھنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئارتمىغايسەن. [12]ئۇ
خۇددى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىققاندىلا بەدىنى يېرىم چىرىك،
ئۆلۈك تۇغۇلغان بالىدەك بولۇپ قالمىغاي! ــ دېدى.
[13]شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارغا: ــ ئى تەڭرى، ئۇنىڭ كېسىلىنى
ساقايتىۋەتكەن بولساڭ، ــ دەپ نىدا قىلدى.
[14]پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ ئەگەر ئاتىسى ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەن بولسا،
ئۇ يەتتە كۈن خىجىلچىلىق ئىچىدە تۇرغان بولاتتى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى
ئۇ بارگاھنىڭ سىرتىغا يەتتە كۈن قاماپ قويۇلسۇن، ئاندىن ئۇ قايتىپ
كەلسۇن، ــ دېدى.

---

8:12 **«يۈزمۇ يۈز»** ــ ئىبرانيي تىلدا «ئېغىزمۇ ئېغىز».

**8:12** مىس. 11:33؛ قان. 10:34

14:12 **«ئاتىسى ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەن بولسا، ئۇ يەتتە كۈن خىجىلچىلىق ئىچىدە**

15 شۇنىڭ بىلەن مەريەم بارگاھ سىرتىغا يەتتە كۈن قاماپ قويۇلدى،
تاكى مەريەم قايتىپ كەلگۈچە خەلق يولغا چىقماي تۇرۇپ
تۇردى. 16 ئاندىن كېيىن خەلق ھازىروتتىن يولغا چىقىپ، پاران
چۆلىدە بارگاھ قۇردى.

## مۇسانىڭ قانائاننى چارلاپ كېلىشكە ئون ئىككى چارلىغۇچى ئەۋەتىشى

13
1 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: —
2 مەن ئىسرائىللارغا مىراس قىلىپ بەرگەن قانائان
زېمىنىنى چارلاپ كېلىشكە ئادەملەرنى ئەۋەتكىن؛ ھەربىر ئاتا
جەمەتكە تەۋە قەبىلىدىن بىردىن ئادەم چىقىرىلسۇن، ئۇلار ئۆز
قەبىلىسىدىكى ئەمىر بولسۇن، — دېدى. 3 مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ
ئەمرى بويىچە، ئۇلارنى پاران چۆلىدىن يولغا سالدى؛ ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئىسرائىللارنىڭ باشلىرى ئىدى.
4 تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: — رۇبەن قەبىلىسىدىن
زاككۇرنىڭ ئوغلى شاممۇيا، 5 شىمېئون قەبىلىسىدىن خورىنىڭ
ئوغلى شافات، 6 يەھۇدا قەبىلىسىدىن يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەب،
7 ئىسساكار قەبىلىسىدىن يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئىگال، 8 ئەفرائىم
قەبىلىسىدىن نۇننىڭ ئوغلى ھوشىيا، 9 بىنيامىن قەبىلىسىدىن
رافۇنىڭ ئوغلى پالتى، 10 زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن سودىنىڭ ئوغلى
گاددىيەل، 11 يۈسۈپ قەبىلىسىدىن، يەنى ماناسسەھ قەبىلىسىدىن
سۇسىنىڭ ئوغلى گاددى، 12 دان قەبىلىسىدىن گىماللىنىڭ
ئوغلى ئاممىيەل، 13 ئاشىر قەبىلىسىدىن مىكائىلنىڭ ئوغلى
سەتۇر، 14 نافتالى قەبىلىسىدىن ۋوفسىنىڭ ئوغلى ناھبى، 15 گاد
قەبىلىسىدىن ماكىنىڭ ئوغلى گېئۇئەل. 16 مانا بۇلار مۇسا چارلاپ

**تۇرغان بولاتتى ئەمەسمۇ؟»** — بۇ سۆزلەر ئىبرانىيلار ئارىسىدىكى قەدىمكى بىر ئۆرپ-ئادەتنى كۆرسەتسە كېرەك.

كېلىڭلار دەپ قانائان زېمىنىغا ئەۋەتكەن ئادەملەرنىڭ ئىسمى.
مۇسا نۇننىڭ ئوغلى هوشىيانى يەهوشۇيا دەپ ئاتىدى.
[17]مۇسا ئۇلارنى چارلاپ كېلىشكە قانائانغا سەپەرۋەر قىلىپ: —
سىلەر مۇشۇ يەردىن نەگەۋ چۆلى تەرەپكە قاراپ مېڭىڭلار، ئاندىن
تاغلىق رايونغا چىقىڭلار. [18]ئۇ يەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى،
ئۇ يەردىكىلەرنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى، ئاز ياكى كۆپلۈكىنى
كۆرۈپ بېقىڭلار؛ [19]ئۇلار تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى،
ياخشى-يامانلىقىنى كۆرۈڭلار؛ ئۇلار تۇرۇۋاتقان شەھەرلەرنىڭ قانداق
ئىكەنلىكىنى، بارگاھلىق شەھەر ياكى سېپىل-قەلئەلىك شەھەر
ئىكەنلىكىنى؛ [20]ئۇ يەرنىڭ مۇنبەت ياكى مۇنبەتسىز ئىكەنلىكىنى،
دەل-دەرەخلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى كۆرۈپ كېلىڭلار. يۈرەكلىكرەك
بولۇپ، مېۋە-چېۋىلىرىدىن ئالغاچ كېلىڭلار، — دېدى.
بۇ چاغ دەل ئۈزۈم پىشىپ قالغان ۋاقىت ئىدى. [21]ئۇلار شۇ تەرەپلەرگە
چىقىپ، زېمىننى زىن چۆلىدىن تارتىپ تاكى هامات ئېغىزىنىڭ
يېنىدىكى رەهوبقىچە بېرىپ چارلاشتى. [22]ئۇلار جەنۇب تەرەپتە هېبرونغا
باردى، ئۇ يەرلەردە ئاناقىيلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئاهىمان، شېشاي،
تالماي دېگەنلەر ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. ئەسلىدە هېبرون شەهىرى
مىسىردىكى زوئان شەهىرىدىن يەتتە يىل ئىلگىرى ياسالغانىدى.
[23]ئۇلار «ئەشكول جىلغىسى»غا كەلدى، ئۇ يەردە بىر ساپ ئۈزۈمى بار
بىر ئۈزۈم شېخىنى كېسىپ، بىر بالداققا ئېسىپ ئىككى ئادەمگە
كۆتۈرگۈزۈپ ماڭدى؛ ئۇلار ئاززاق ئانار بىلەن ئەنجۈرمۇ ئېلىپ قايتىپ
كەلدى. [24]ئىسرائىللار شۇ يەردە كېسىۋالغان ئەشۇ ئۈزۈم سەۋەبىدىن ئۇ
يەر «ئەشكول جىلغىسى» («ئۈزۈم ساپىقى جىلغىسى») دەپ ئاتالدى.

16:13 **«هوشىيا»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ قۇتقۇزىدۇ»، «يەهوشۇيا» — «پەرۋەردىگار (ياهۋەھ) قۇتقۇزىدۇ» دېگەن مەنىدە. قىسقارتىلغان شەكلى «يەشۇئا». «ئەيسا» ئىبرانىي تىلىدا دەل شۇ ئىسىمدۇر.

17:13 **«نەگەۋ چۆلى»** — «نەگەۋ» دېگەن چۆل پەلەستىنىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە بولۇپ، مۇشۇ يەردە ۋە كۆپ باشقا يەرلەردە «جەنۇب»نى بىلدۈرىدۇ.

22:13 **«جەنۇب»** — ئىبرانىي تىلىدا «نەگەۋ».

23:13 **«ئەشكول»** — مەنىسى «ئۈزۈملەر».

[25] ئۇلار قىرىق كۈندىن كېيىن ئۇ يەرلەرنى چارلاپ تۈگىتىپ، قايتىپ كەلدى.

## چارلىغۇچىلارنىڭ مەلۇماتى

[26] ئۇلار كېلىپ، پاران چۆللۈكىدىكى قادەشتە مۇسا، هارۇن ۋە پۈتۈن ئىسرائىل جامائىتى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ئىككىيلەنگە هەم پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتىگە مەلۇمات بەردى هەم زېمىننىڭ مېۋىلىرىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى. [27] ئۇلار مۇساغا مەلۇمات بېرىپ: —
بىز ئۆزلىرى بېرىڭلار دېگەن يەرلەرگە باردۇق، راستتىنلا سۈت بىلەن هەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان يەر ئىكەن، مانا بۇلار شۇ يەرنىڭ مېۋىلىرى.
[28] بىراق ئۇ يەردىكىلەر بەك كۈچتۈڭگۈر ئىكەن، شەهەرلەر سېپىللىق بولۇپ هەم پۇختا-هەيۋەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ئۇ يەردە ئاناقىيلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىمۇ كۆردۇق. [29] ئامالەكلەر جەنۇب تەرەپتە تۇرىدىكەن؛ هىتتىيلار، يەبۇسىيلار، ئامورىيلار تاغلاردا تۇرىدىكەن؛ قانائانىيلار دېڭىز بويلىرىدا ۋە ئىئوردان دەرياسى بويلىرىدا تۇرىدىكەن، — دېدى.
[30] كالەب مۇسانىڭ ئالدىدا كۆپچىلىكنى تىنچىتىپ: —
بىز دەرهال ئاتلىنىپ بېرىپ ئۇ يەرنى ئىگىلەيلى! چۈنكى بىز چوقۇم غالىپ كېلەلمىز — دېدى.
[31] لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان باشقىلار بولسا:
— ئۇلار بىزدىن كۈچلۈك ئىكەن، شۇڭا ئۇلارغا هۇجۇم قىلساق بولمايدۇ، — دېيىشتى. [32] ئاندىن چارلىغۇچىلار ئۆزلىرى چارلاپ كەلگەن زېمىننىڭ ئەهۋالىدىن ئىسرائىللارغا يامان مەلۇمات بېرىپ:
— بىز كىرىپ چارلاپ ئۆتكەن زېمىن بولسا ئۆز ئاهالىسىنى يەيدىغان زېمىن ئىكەن؛ بىز ئۇ يەردە كۆرگەنلەرنىڭ هەممىسى يوغان ئادەملەر ئىكەن. [33] بىز ئۇ يەرلەردە «نەفىلىيلەر» دېگەن گىگانت ئادەملەرنى كۆردۇق (دەرۋەقە ئاناقىيلارنىڭ ئەۋلادلىرى نەفىلىيلەردىن چىققاندۇر)؛

27:13 مىس. 8:3؛ 3:33

بىز ئۆزىمىزگە قارىساق چېكەتكىدەك تۇرىدىكەنمىز، بىز ئۇلارغىمۇ شۇنداق كۆرىنىدىكەنمىز، ــ دېدى.

## ئىسرائىللارنىڭ تاپا-تەنە قىلىشى

14 [1] شۇنىڭ بىلەن بارلىق جامائەت داد-پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىدى؛
ئۇلار كېچىچە يىغا-زار قىلىشىپ چىقتى. [2] ئىسرائىللار مۇسا
بىلەن ھارۇنغا تاپا-تەنە قىلىپ: ــ بىز بالدۇرلا مىسىردا ئۆلۈپ
كەتسەك بوپتىكەن! مۇشۇ چۆل-جەزىرىدە ئۆلۈپ كەتسەك بوپتىكەن!
[3] پەرۋەردىگار نېمىشقا بىزنى قىلىچ ئاستىدا ئۆلسۇن، خوتۇن بالا-
چاقىلىرىمىز بۇلىنىپ، دۈشمەنىنىڭ ئولجىسى بولسۇن دەپ بىزنى
بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەندۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، مىسىرغا قايتىپ
كەتكىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ غوتۇلداشتى. [4] شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار بىر-بىرىگە: ــ باشقىدىن بىر باشلىق تىكلەپ مىسىرغا قايتىپ
كېتەيلى، ــ دېيىشتى.
[5] مۇسا بىلەن ھارۇن پۈتۈن ئىسرائىل جامائىتى ئالدىدا يىقىلىپ
دۈم ياتتى. [6] شۇ يەرنى چارلاپ كەلگەنلەر ئىچىدىكى نۇننىڭ ئوغلى
يەشۇئا بىلەن يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەب كىيىملىرىنى يىرتىپ،
[7] پۈتۈن ئىسرائىل جامائەتچىلىكىگە: ــ بىز چارلاپ كېلىشكە ئۆتۈپ
بارغان زېمىن ئىنتايىن بەك ياخشى زېمىن ئىكەن. [8] ئەگەر پەرۋەردىگار
بىزدىن سۆيۈنسە، بىزنى شۇ زېمىنغا، يەنى ھەسەل بىلەن سۈت ئېقىپ
تۇرىدىغان شۇ زېمىنغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنى بىزگە بېرىدۇ. [9] سىلەر
پەقەت پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلماڭلار! ئۇ زېمىندىكىلەردىن

33:13 **«نەفىلىيلەر»** ــ توپاندىن ئىلگىرى پەيدا بولغان گىگانتلار ئىدى. ھەممىسى توپاندا يوقىتىلغان بولغاچقا، چارلىغۇچىلارنىڭ شۇ گېپى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ توقۇغان ئەپسانىلىرى، خالاس. گەرچە «ئاناقىيلار»مۇ گىگانتلار بولسىمۇ («قان.» 9:1-2نى كۆرۈڭ)، ئۇلارنىڭ «نەفىلىيلەر» بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.
—ھالبۇكى، روھىي جەھەتتىن بۇ گىگانتلارنىڭ «نەفىلىيلەر»نىڭ ئەسلىدىكى كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن («يار.» 6:1-4).

قورقماقلار، چۈنكى ئۇلار بىزگە نىسبەتەن بىر غىزادۇر؛ ئۇلارنىڭ
پاناھدارلىرى ئۇلاردىن كەتتى، پەرۋەردىگار بولسا بىز بىلەن بىللە؛
ئۇلاردىن قورقماقلار، — دېدى.
10 ھالبۇكى، پۈتكۈل جامائەت تەرەپ-تەرەپتىن: — ئۇ ئىككىسىنى
چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، دېيىشتى. لېكىن
پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى جامائەت چېدىرىدا ئىسرائىللارغا ئايان
بولدى.

## خۇدانىڭ جازاسى، مۇسانىڭ خەلق ئۈچۈن نىدا قىلغانلىقى

11 پەرۋەردىگار مۇساغا: — بۇ خەلق مېنى قاچانغىچە مەنسىتمەيدۇ؟
گەرچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنچە مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى ياراتقان
بولساممۇ، لېكىن ئۇلار ماڭا قاچانغىچە ئىشەنمەيدىكەن؟ 12 مەن
ئۇلارنى ۋابا بىلەن ئۇرۇپ يوقىتىمەن، شۇنىڭ بىلەن سېنى ئۇلاردىن
تېخىمۇ چوڭ ۋە قۇدرەتلىك بىر ئەل قىلىمەن، — دېدى.
13 مۇسا بولسا پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدى: —
«بۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ ئىشنى مىسىرلىقلار ئاڭلاپ قالىدۇ،
چۈنكى سەن ئۇلۇغ قۇدرىتىڭ بىلەن بۇ خەلقنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن
ئېلىپ چىققانىدىڭ؛ 14 ۋە مىسىرلىقلار بۇ ئىشنى شۇ زېمىندىكى
خەلقلەرگىمۇ ئېيتىدۇ. ئۇ زېمىندىكى ئاھالىمۇ سەن پەرۋەردىگارنىڭ
بۇ خەلقنىڭ ئارىسىدا ئىكەنلىكىڭنى، سەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارنىڭ
ئالدىدا يۈزمۇيۈز كۆرۈنگەنلىكىڭنى، سېنىڭ بۇلۇتىڭ دائىم ئۇلارغا
سايە چۈشۈرۈپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا سېنىڭ كۈندۈزى بۇلۇت
تۈۋرۈكىدە، كېچىسى ئوت تۈۋرۈكىدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭغانلىقىڭنى
ئاڭلىغانىدى. 15 ئەمدى سەن بۇ خەلقنى خۇددى بىر ئادەمنى
ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، سېنىڭ نام-شۆھرىتىڭنى ئاڭلىغان

---

**9:14** قان. 3:20

**13:14** مىس. 12:32

**14:14** مىس. 21:13؛ 38:40

ئەللەرنىڭ ھەممىسى: [16] «پەرۋەردىگار بۇ خەلقنى ئۆزى ئۇلارغا
بېرىشكە قەسەم قىلغان زېمىنغا باشلاپ بارالمايدىغانلىقى ئۈچۈن،
شۇڭا ئۇلارنى ئەشۇ چۆل-جەزىرىدە ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دەپ قالىدۇ.
[17] ئەمدى ئۆتۈنىمەنكى، رەببىم قۇدرىتىڭنى جارى قىلدۇرغايسەن،
ئۆزۈڭنىڭ: [18] «پەرۋەردىگار ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايدۇ، ئۇنىڭ مېھىر-
مۇھەببىتى تېشىپ تۇرىدۇ؛ ئۇ گۇناھ ۋە ئىتائەتسىزلىكنى كەچۈرىدۇ،
لېكىن گۇناھكارلارنى ھەرگىز گۇناھسىز دەپ قارىمايدۇ، ئاتىلارنىڭ
قەبىھلىكىنى ئاتىسىدىن بالىسىغىچە، ھەتتا نەرۋە-چەۋرىلىرىگىچە
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەيدۇ» دېگىنىڭدەك قىلغايسەن. [19] مېھىر-
شەپقىتىڭنىڭ كەڭرىلىكى بويىچە، مىسىردىكى چاغدىن تاكى
ھازىرغىچە دائىم كەچۈرۈپ كەلگىنىڭدەك، بۇ خەلقنىڭ قەبىھلىكىنى
كەچۈرگەيسەن!».
[20] پەرۋەردىگار: — «بويىتۇ، سەن دېگەندەك ئۇلارنى كەچۈردۈم. [21] لېكىن
ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پۈتكۈل يەر يۈزى مەن
پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى بىلەن تولىدۇ.
[22] ھالبۇكى، مېنىڭ جۇلايىمنى، مىسىردا ۋە چۆل-جەزىرىدە كۆرسەتكەن
مۆجىزىلىك ئالامەتلىرىمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مېنى مۇشۇنداق ئون
قېتىملاپ سىناپ يەنە ئاۋازىمغا قۇلاق سالمىغانلار، [23] مەن قەسەم ئىچىپ
ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىمەن دېگەن ئۇ زېمىننى
ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ؛ مېنى مەنسىتمىگەنلەردىن بىرىمۇ ئۇ يۇرتنى كۆر
ەلمەيدۇ. [24] لېكىن ئۆزىدە باشقىچە بىر روھنىڭ بولغىنى، پۈتۈن قەلبى
بىلەن ماڭا ئەگەشكىنى ئۈچۈن قۇلۇم كالەبنى ئۇ كىرگەن يەرگە باشلاپ

**16:14** قان. 28:9

**18:14 «ئاتىلارنىڭ قەبىھلىكىنى ئاتىسىدىن بالىسىغىچە، ھەتتا نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەيدۇ»** — بۇ مۇھىم سۆز توغرۇلۇق «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى (18-، 33-بابلار توغرۇلۇق) كۆرۈڭ.

**18:14** مىس. 5:20؛ 6:34؛ قان. 9:5؛ زەب. 15:86؛ 8:103؛ 8:145؛ يۇن. 2:4

**21:14** يەش. 3:6، 9؛11؛ زەب. 9:72؛ ھاب. 14:2

**23:14** قان. 1:35، 36

كىرىمەن؛ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۇ يەرگە مىراسخور بولىدۇ. [25] (شۇ چاغدا ئامالەكلەر بىلەن قانائانىيلار تاغلىق جىلغىلاردا تۇرۇۋاتاتتى) – ئەتە سىلەر يولۇڭلاردىن بۇرۇلۇپ، قىزىل دېڭىزغا بارىدىغان يول بىلەن مېڭىپ چۆلگە سەپەر قىلىڭلار» – دېدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنى جازالىشى

[26] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:
[27] – مەن مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلىپ غوتۇلدىشىدىغان بۇ رەزىل جامائەتكە قاچانغىچە چىدىشىم كېرەك؟ ئىسرائىللارنىڭ مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلغانلىرى، شۇ توختاۋسىز غوتۇلداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم. [28] سەن ئۇلارغا: – پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خەپ، مەن سىلەرگە قۇلىقىمغا كىرگەن سۆزلىرىڭلار بويىچە مۇئامىلە قىلمايدىغان بولسام! [29] سىلەرنىڭ ئۆلۈكۈڭلار مۇشۇ چۆلدە ياتىدۇ؛ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر، يەنى يىگىرمە ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغانلار، مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلىپ غوتۇلدىغانلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن سانى بويىچە [30] سىلەرگە قول كۆتۈرۈپ قەسەم قىلىپ، تۇرالغۇڭلار قىلىپ بېرىمەن دېگەن زېمىنغا ھېچ كىرەلمەيدۇ؛ پەقەت يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەب بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئالا كىرىدۇ. [31] سىلەرنىڭ كىچىك باللىرىڭلار، يەنى «بۇلىنىپ، دۈشمەننىڭ ئولجىسى بولۇپ قالىدۇ» دېيىلگەنلەرنى مەن باشلاپ كىرىمەن، ئۇلار سىلەر كەمسىتكەن ئۇ زېمىندىن بەھرىمەن بولىدۇ. [32] بىراق سىلەر بولساڭلار، سىلەر يىقىلىپ، ئۆلۈكۈڭلار بۇ چۆلدە قالىدۇ. [33] سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بۇزۇقلۇق-ۋاپاسىزلىقىڭلارنىڭ ئەلىمىنى تارتىپ، ئۆلۈكۈڭلار چۆلدە

**27:14** زەب. 106:24-26
**28:14** چۆل. 65:26؛ 11:32
**29:14** قان. 35:1؛ ئىبر. 17:3
**30:14** يە. 6:14

يوقالغۇچە، بۇ چۆلدە قىرىق يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. [34] سىلەرنىڭ شۇ زېمىننى چارلىغان كۈنلىرىڭلارنىڭ سانى بويىچە، قىرىق كۈننىڭ ھەربىر كۈننى بىر يىل ھېسابلاپ، قەبىھلىكلىرىڭلارنى قىرىق يىل ئۆز ئۈستۈڭلارغا ئېلىپ يۈرىسىلەر؛ شۇ چاغدا مېنىڭ ئۆزۈڭلاردىن ياتلاشقىنىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسىلەر» — دېگىن
. [35] مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دېگەنىكەنمەن، يىغىلىپ ماڭا قارشى چىققان بۇ رەزىل خەلق جامائىتىگە مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن؛ ئۇلار مۇشۇ چۆل-جەزىرىدە يەۋېتىلىدۇ، شۇ يەردە ئۆلىدۇ.
[36] مۇسا ئۇ زېمىننى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلەر قايتىپ كەلگەندە، ئۇ زېمىن توغرۇلۇق يامان خەۋەر ئېلىپ كېلىش بىلەن پۈتۈن جامائەتنى غوتۇلدىتىپ، مۇسانىڭ يامان گېپىنى قىلغۇزغانىلار،
[37] يەنى ئۇ زېمىن توغرۇلۇق يامان خەۋەر ئەكەلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋابا كېسىلى تېگىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۆلدى.
[38] زېمىننى چارلاپ كېلىشكە بارغان ئادەملەر ئىچىدىن پەقەت نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا بىلەن يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەبلا ھايات قالدى.

## ئۆز مەيلىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مەغلۇپ بولۇپ قېچىش

[39] مۇسا بۇ گەپلەرنى پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتىگە ئېيتىۋىدى، ھەممىسى بەك ھەسرەت چەكتى.
[40] ئۇلار ئەتىگەن تاڭ ئاتقاندا تۇرۇپ تاغقا چىقىپ: — مانا بىز كەلدۇق! پەرۋەردىگار ئېيتقان يۇرتقا چىقىپ ھۇجۇم قىلايلى؛ چۈنكى بىز گۇناھ قىلدۇق، — دېيىشتى.
[41] — سىلەر يەنە نېمىشقا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىسىلەر؟ — دېدى مۇسا، — بۇ ئىش غەلىبىلىك بولمايدۇ!

---

**33:14** «**بۇزۇقلۇق-ۋاپاسىزلىقىڭلار**» — ئىبرانىي تىلىدا «پاھىشۋازلىقلىرىڭلار». خۇدادىن ئېزىپ كېتىش تەۋرات-ئىنجىلدا «پاھىشۋازلىق» دەپ ھېسابلىنىدۇ.

**34:14** زەب. 95:8-11

**37:14** 1كور. 10:10؛ يەھ. 5

**41:14** قان. 1:41

[42] پەرۋەردىگار ئاراڭلاردا بولمىغاچقا، دۈشمەنىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈپ، مەغلۇپ بولماسلىقىڭلار ئۈچۈن ھۇجۇمغا چىقماڭلار. [43] چۈنكى ئامالەكلەر بىلەن قانائانىيلار ئۇ يۇرتتا، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرىدۇ؛ سىلەر قىلىچ ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىسىلەر؛ چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگاردىن تېنىپ كەتتىڭلار، پەرۋەردىگار سىلەر بىلەن بىللە بولمايدۇ.

[44] لېكىن، گەرچە پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ۋە مۇسا بارگاھتىن قوزغالمىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆز مەيلىچە تاغقا چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. [45] شۇنىڭ بىلەن ئامالەكلەر بىلەن شۇ تاغدا تۇرۇشلۇق قانائانىيلار چۈشۈپ ئۇلارنى تاكى خورماھقىچە قوغلاپ، بىتچىت قىلىپ قىرغىن قىلدى.

## تۈرلۈك قۇربانلىقلار توغرىسىدىكى قائىدە-نىزام

15 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: — [2] سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: — سىلەر ماكانلىشىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە تەقدىم قىلىپ بېرىدىغان زېمىنغا كىرگەن چېغىڭلاردا، [3] ئەگەر پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان، ئۇنىڭغا خۇشبۇي بولسۇن دەپ بىرەر ھەدىيە-قۇربانلىق قىلماقچى بولساڭلار، قۇربانلىق كالا ياكى قوي-ئۆچكە پادىسىدىن بولسۇن. ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن، قەسەمنى ئادا قىلىش قۇربانلىقى بولسۇن، ئىختىيارىي قۇربانلىق ياكى سىلەرگە بېكىتىلگەن ھېيتلاردىكى زۆرۈر قۇربانلىق بولسۇن، [4-5] قۇربانلىق سۇنغۇچى كىشى پەرۋەردىگارغا ئاتىغىنىغا بىر ئاشلىق ھەدىيەسىنى قوشۇپ كەلتۈرسۇن. كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى باشقا قۇربانلىق قوزا

---

3:15 **«بىرەر ھەدىيە-قۇربانلىق قىلماقچى بولساڭلار»** — بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان قۇربانلىقلارنىڭ ھەممىسى «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» ياكى «ئىناقلىق قۇربانلىقى»دۇر (5-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**بولسا، ئۇنداقتا ئاشلىق ھەدىيەسى زەيتۇن مېيىدىن بىر ھىننىڭ
تۆتتىن بىرى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇندىن ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرى
بولسۇن؛ ئۇنىڭغا يەنە شاراب ھەدىيەسى سۈپىتىدە تۆتتىن بىر ھىن
شارابنى قوشۇپ سۇنسۇن.
6 قوزىلىقنىڭ قوچقار بولسا، سەن ئۇنىڭغا ئاشلىق ھەدىيەسى
سۈپىتىدە ئۈچتىن بىر ھىن زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن
ئېسىل ئۇندىن ئەفاھنىڭ ئوندىن ئىككىسى بولسۇن 7 ۋە شاراب
ھەدىيەسى سۈپىتىدە ئۈچتىن بىر ھىن شارابنى قوشۇپ سۇنسۇن؛
بۇلار پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي چىقارسۇن دەپ سۇنۇلسۇن. 8 ئەگەر
سەن پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ياكى قەسەم ئادا قىلىش
قۇربانلىقى ياكى ئىناقلىق قۇربانلىقى سۈپىتىدە تورپاق ئاتىغان
بولساڭ، 9 ئۇنداقتا تورپاققا ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە يېرىم
ھىن زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇندىن ئەفاھنىڭ
ئوندىن ئۈچىنى، 10 شاراب ھەدىيەسى سۈپىتىدە يېرىم ھىن شارابنى
قوشۇپ سۇنغىن؛ بۇلار پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ ئوتتا سۇنۇلۇپ،
خۇشبۇي چىقارسۇن دەپ كەلتۈرۈلسۇن.
11 ھەربىر سۇنۇلغان تورپاق، قوچقار، قوزا ياكى ئوغلاققا نىسبەتەن
مۇشۇنداق قىلىنسۇن. 12 سىلەر سۇنىدىغىنىڭلارنىڭ سانى بويىچە،
ھەرخىل قۇربانلىقنىڭ سانىغا قاراپ شۇنداق قىلىسىلەر.
13 شۇ زېمىندا تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي
چىقارسۇن دەپ، ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق قىلماقچى بولسا
ئەنە شۇنداق قىلسۇن. 14 شۇنىڭدەك سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان
مۇساپىر ياكى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلار
بولسا، خۇشبۇي چىقارسۇن دەپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق
قىلماقچى بولسا، سىلەر قانداق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارمۇ شۇنداق**

**4-5:15** **«بىر ئەفاھ»** ــ تەخمىنەن 2 كۈرە ياكى 22 لىتر ئىدى. بىر ھىن تەخمىنەن 3.6 لىتر ئىدى.

**5-4:15** لاۋ. 2:1؛ 14:6

قىلسۇن. 15 پۈتكۈل جامائەتكە، مەيلى سىلەر بولۇڭلار ياكى سىلەر بىلەن
بىللە تۇرۇۋاتقان مۇساپىر بولسۇن، ھەممىڭلار ئۈچۈن ئوخشاش بىر
بەلگىلىمە بولىدۇ؛ سىلەر ئۈچۈن دەۋرمۇ-دەۋر ئەبەدىي بىر بەلگىلىمە
بولىدۇ؛ پەرۋەردىگار ئالدىدا سىلەر قانداق بولساڭلار، مۇساپىرلارمۇ شۇ
نداقتۇر. 16 سىلەرگىمۇ، ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارغىمۇ ئوخشاش
بىر قانۇن-بەلگىلىمە، ئوخشاش بىر ھۆكۈم بولسۇن.
17 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
18 سەن ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: —
«سىلەر مەن سىلەرنى ئەكىرىدىغان زېمىنغا يېتىپ بارغاندا، 19 شۇ
يەردىن چىققان ئاشلىقنى يەيدىغان چېغىڭلاردا، پەرۋەردىگارغا
بىر «كۆتۈرمە ھەدىيە» تەقدىم قىلىڭلار. 20 سىلەر ھەربىر يېڭى
خېمىردىن پىشقان نانلاردىن بىرىنى «كۆتۈرمە ھەدىيە» قىلىپ
تەقدىم قىلىڭلار؛ سىلەر ئۇنى تەقدىم قىلغاندا خۇددى خامانىنىڭ
«كۆتۈرمە ھەدىيە»سىگە ئوخشاش بولسۇن. 21 دەۋردىن-دەۋرگە سىلەر
دەسلەپكى ھوسۇلدىن چىققان خېمىردىن بىر ناننى «كۆتۈرمە
ھەدىيە» سۈپىتىدە پەرۋەردىگارغا سۇنۇڭلار.

## بىلمەي قىلغان گۇناھى ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈش

22 ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلار بىلمەي ئېزىپ گۇناھ قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
مۇساغا بۇيرۇغان بۇ بارلىق ئەمىرلىرىگە ئەمەل قىلمىغان

---

**15:15** مس. 49:12؛ چۆل. 14:9

20:15 **«سىلەر ھەربىر يېڭى خېمىردىن پىشقان نانلاردىن بىرىنى «كۆتۈرمە ھەدىيە» قىلىپ تەقدىم قىلىڭلار»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سىلەر دەسلەپكى ھوسۇلدىن چىققان خېمىردىن بىر نان پىشۇرۇپ ئۇنى «كۆتۈرمە ھەدىيە» قىلىپ تەقدىم قىلىڭلار» (بىراق تەرجىمىمىز «ئەز.» 30:44دىن قارىغاندا توغرىراق بولۇشى مۇمكىن). **«خامانىنىڭ «كۆتۈرمە ھەدىيە»سىگە ئوخشاش بولسۇن»** — ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، ئىسرائىللار يېڭى پىشقان ھوسۇلنىڭ تۇنجى قىسمىنى خاماندىن ئايرىپ، خۇداغا ئاتىشى كېرەك («مس.» 19:23، 22:34 ۋە 26نى كۆرۈڭ.)

—

بولساڭلار، 23 يەنى پەرۋەردىگار بۇيرۇغان كۈندىن ئېتىبارەن بارلىق
ئەۋلادلىرىڭلارغىچە پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن
سىلەرگە بۇيرۇغان بارلىق ئىشلىرىغا ئەمەل قىلمىغان بولساڭلار،
24 جامائەت شۇنداق بىرەر گۇناھنىڭ بىلمەي ئۆتكۈزۈلگەنلىكىدىن
خەۋەرسىز بولسا، ئۇنداقتا پۈتكۈل جامائەت پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي
چىقارسۇن دەپ ياش بىر تورپاقنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە
سۇنسۇن ھەمدە قائىدە-نىزام بويىچە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك
ئاشلىق ھەدىيەسى بىلەن شاراب ھەدىيەسىنى قوشۇپ سۇنسۇن، ۋە
ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە سۇنسۇن.
25 شۇ يول بىلەن كاھىن پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى ئۈچۈن كەفارەت
كەلتۈرۈپ، بۇ گۇناھ ئۇلاردىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ چۈنكى بۇ بىلمەي
ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھ ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان
گۇناھى ئۈچۈن قۇربانلىق، يەنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان
قۇربانلىق ۋە گۇناھ قۇربانلىقىنى بىرلىكتە پەرۋەردىگار ئالدىغا
سۇنغان. 26 بۇ گۇناھ پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى بىلەن ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ ھەممىسىدىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ،
چۈنكى بۇ پۈتكۈل خەلق بىلمەي تۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھتۇر.
27 ئەگەر بىر كىشى بىلمەستىن گۇناھ قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ بىر
ياشلىق بىر چىشى ئوغلاقنى گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە سۇنسۇن.
28 كاھىن شۇ يول بىلەن بىلمەي گۇناھ قىلىپ قويغان ئادەم ئۈچۈن
كەفارەت كەلتۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرسە ئۇنىڭ
پەرۋەردىگار ئالدىدا بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھى ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم
قىلىنىدۇ. 29 بىلمەي بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بارلىق
كىشىلەرگە، مەيلى شۇ زېمىندا تۇغۇلغان ئىسرائىللار بولسۇن ياكى

---

22:15 **«ئەمەل قىلمىغان بولساڭلار»** — بۇ ئايەتلەردە كۆزدە تۇتۇلغان گۇناھ خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە **ئەمەل قىلماسلىقتىن** ئىبارەت؛ «لاۋ.» 4-بابتا تىلغا ئېلىنغان قۇربانلىقلار خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە **خىلاپلىق قىلغان ئىشلارغا** كەفارەت كەلتۈرىدىغان قۇربانلىقلاردىن ئىبارەت.

**27:15** لاۋ. 27:4

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارغا بولسۇن، — سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئوخشاش بىر قانۇن-بەلگىلىمە تەتبىقلىنىدۇ.

## بىلىپ تۇرۇپ قىلغان گۇناھلار توغرۇلۇق

[30] لېكىن يەرلىكنى قاپتەك قىلىپ ئىش كۆرگەن كىشى، مەيلى ئۇ زېمىندا تۇغۇلغان بولسۇن ياكى مۇساپىر بولسۇن، پەرۋەردىگارغا ھاقارەت كەلتۈرگەن بولىدۇ؛ ئۇ ھامان ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. [31] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى مەنسىتمىگەنىكەن، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانىكەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چوقۇم ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ؛ گۇناھى ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.

## شابات كۈنىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازا

[32] ئىسرائىللار چۆل-جەزىرىدىكى ۋاقىتلىرىدا، بىر كىشىنىڭ شابات كۈنىدە ئوتۇن تەرگەنلىكى بايقالدى. [33] ئوتۇن تېرىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالغانلار ئۇنى مۇسا، ھارۇن ۋە پۈتكۈل جامائەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. [34] ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى تېخى كۆرسىتىلمىگەچكە، ئۇلار ئۇنى قاماپ قويدى. [35] پەرۋەردىگار مۇساغا:
— ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلمىسە بولمايدۇ؛ پۈتۈن جامائەت ئۇنى بارگاھنىڭ تېشىغا ئەپچىقىپ چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسۇن، — دېدى. [36] ئاندىن پۈتۈن جامائەت ئۇ ئادەمنى بارگاھ سىرتىغا ئەپچىقىپ، خۇددى پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغاندەك، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى.

## كىيىم-كېچەكلەرگە چۇچا تۇتۇش نىزامى

[37] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[38] سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن، ئۇلار ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد كىيىم-

**32:15** «بىر كىشىنىڭ شابات كۈنىدە ئوتۇن تەرگەنلىكى بايقالدى» — شۈبھىسىزكى، بۇ ۋەقە يۇقىرىقى 30-31-ئايەتتىكى پرىنسىپقا مىسال كەلتۈرۈلۈش ئۈچۈن بايان قىلىنىدۇ.
**34:15** لاۋ. 12:24

كېچەكلىرىنىڭ چۆرىسىگە چۇچىلارنى تۇتسۇن ھەم بۇرجىكىدىكى
چۇچىلىرىنىڭ ھەربىرىگە كۆك شوينا تىكىپ قويسۇن؛ [39] بۇ خىل
چۇچىلار سىلەرنىڭ ئۇنى تىكىپ تۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن بولىدۇ؛ ئۇنى
كۆرگەندە پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەمرلىرىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇپ،
ئۇلارغا ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن بۇ سىلەرگە بىر ئەسلەتمە بولىدۇ؛
شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ ھازىرقىدەك ئۆزۈڭلارنىڭ كۆڭلۈڭلار ۋە
كۆزۈڭلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، قاتىراپ بۇزۇقلۇق قىلىپ كەتمەسلىكىڭلار،
[40] مېنىڭ بارلىق ئەمرلىرىمنى ئەستە تۇتۇشۇڭلار ھەم ئۇنىڭغا
ئەمەل قىلىپ، خۇدايىڭلارغا ئاتاپ پاك-مۇقەددەس بولۇشۇڭلار ئۈچۈن
بولسۇن. [41] مەن خۇدايىڭلار بولۇش ئۈچۈن سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن
ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگاردۇرمەن؛ مەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردۇرمەن.

## كوراھ، داتان ۋە ئابىرامنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى

16 [1] لاۋىينىڭ ئەۋرىسى، كوھاتنىڭ نەۋرىسى، ئىزھارنىڭ ئوغلى
كوراھ ۋە رۇبەننىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئېلىئابنىڭ ئوغۇللىرى داتان
بىلەن ئابىرام ۋە پەلەتنىڭ ئوغلى ئون [2] ئىسرائىللار ئىچىدىكى جامائەت
ئەمىرلىرى بولغان، جامائەت ئىچىدىن سايلاپ چىقىلغان مۆتىۋەرلەردىن
ئىككى يۈز ئەللىك كىشىنى باشلاپ كېلىپ مۇساغا قارشى چىقتى.
[3] ئۇلار يىغىلىپ مۇساغا قارشى ھەم ھارۇنغا قارشى چىقىپ: —
سىلەر ھەددىڭلاردىن بەك ئاشتىڭلار، پۈتكۈل جامائەتنىڭ ھەممىسى
پاك-مۇقەددەس، پەرۋەردىگارمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، شۇنداق تۇرۇغلۇق
سىلەر نېمە دەپ ئۆزۈڭلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىدىن ئۈستۈن
قويۇۋسىلەر؟ — دېدى.

---

**38:15** قان. 12:22؛ مات. 5:23

**39:15** **«بۇزۇقلۇق»** — تەۋراتتىكى كۆپ قىسىملاردا كۆرسىتىلگەن بۇ «بۇزۇقلۇق»نىڭ ھەم جىسمانىي جەھەتتى (ئەيش-ئىشرەت) ھەم روھىي جەھەتتى (بۇتپەرەسلىك قىلىپ خۇداغا ۋاپاسىزلىق قىلىش) باردۇر.

**1:16** چۆل. 9:26؛ 3:27؛ يەھ. 11

[5-4] مۇسا ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دۈم يىقىلىپ، كوراھ بىلەن ئۇنىڭ
گۇرۇھىدىكىلەرگە سۆز قىلىپ: –
ئەتە ئەتىگەندە پەرۋەردىگار كىملەرنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ
ئىكەنلىكىنى، كىملەرنىڭ پاك-مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئايان
قىلىدۇ؛ شۇ كىشىنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ؛ كىمنى تاللىغان
بولسا، ئۇنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. [6] سىلەر مۇنداق قىلىڭلار: –
سەن كوراھ ۋە سېنىڭ گۇرۇھىڭدىكىلەر ھەممىسى خۇشبۇيدانلارنى
ئەپكېلىڭلار؛ [7] ئەتە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خۇشبۇيدانلارغا ئوت
يېقىپ، خۇشبۇينى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇڭلار؛ پەرۋەردىگار كىمنى
تاللىسا، شۇ مۇقەددەس-پاك بولغان بولسۇن! ئەي سىلەر لاۋىيلار،
ھەددىڭلاردىن بەك ئاشتىڭلار! – دېدى.
[8] مۇسا يەنە كوراھقا:
– ئى لاۋىيلار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار. [9-10] ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى پەرۋەردىگار سىلەرنى ئۆزىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشلىرىنى
قىلسۇن دەپ ھەمدە جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە
بولسۇن دەپ ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن سىلەرنى ئىسرائىل
جامائىتىدىن ئايرىپ چىققان – يەنى پەرۋەردىگار سېنى ۋە سېنىڭ
ھەممە قېرىنداشلىرىڭ بولغان لاۋىينىڭ ئەۋلادلىرىنى بىردەك
ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرغانلىقى سىلەرچە كىچىك ئىشمۇ؟ سىلەر
يەنە تېخى كاھىنلىق ۋەزىپىسىنى تاما قىلىۋاتامسىلەر؟ [11] شۇ
ۋەجىدىن سەن ۋە سېنىڭ گۇرۇھىڭدىكىلەر ھەممىسى يىغىلىپ
پەرۋەردىگارغا قارشى چىقىۋېتىپسىلەر-دە؛ ھارۇن نېمىدى، سىلەر
ئۇنىڭ ئۈستىدىن شۇنچىلىك ئاغرىنىپ غوتۇلدىشىپ كەتكۈدەك؟
– دېدى.

---

9-10:16 **«پەرۋەردىگار سىلەرنى، يەنى لاۋىيلارنى... ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن سىلەرنى ئىسرائىل جامائىتىدىن ئايرىپ چىققان...»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، خۇدا ئەسلىدە لاۋىي قەبىلىسى ئىچىدىن ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆزىگە كاھىن بولۇشقا تاللىغانىدى، قالغان لاۋىيلارنى مۇقەددەس چېدىردىكى خىزمەتتە بولۇپ كاھىنلارغا ياردەمچى رولدا بولۇشقا بېكىتكەنىدى.

[12] مۇسا ئىلىئابىنىڭ ئوغلى داتان بىلەن ئابىرامنى قىچقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتۇردى، ئۇلار:
– بارمايمىز! [13] سېنىڭ بىزنى سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان زېمىندىن باشلاپ چىقىپ بۇ چۆل-جەزىرىدە ئۆلتەرمەكچى بولغانلىقىڭنىڭ ئۆزى كىچىك ئىشمۇ؟ سەن تېخى ئۆزۈڭنى پادىشاھ ھېسابلاپ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ھۆكۈمرانلىق قىلماقچىمۇ؟ [14] ھالبۇكى، سەن بىزنى سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان يۇرتقا باشلاپ كەلمىدىڭ، ئېتىز ۋە ئۈزۈمزارلىقلارنىمۇ بىزگە مىراس قىلىپ بەرمىدىڭ. سەن بۇ خەقنىڭ كۆزىنىمۇ ئويىۋالماقچىمۇ؟ بىز بارمايمىز! – دېدى.
[15] بۇنى ئاڭلاپ مۇسا قاتتىق غەزەپلىنىپ پەرۋەردىگارغا: –
ئۇلارنىڭ سوۋغات-ھەدىيەسىگە ئېتىبار قىلمىغايسەن؛ مەن ئۇلارنىڭ ھەتتا بىرەر ئېشىكىنىمۇ تارتىۋالمىدىم، بىرەر ئادىمىگىمۇ ھېچ زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىدىم، – دېدى.

## خۇدانىڭ جازاسى

[16] مۇسا كوراھقا: –
ئەتە سەن ۋە سېنىڭ گۇرۇھىڭدىكىلەر – سەن، ئۇلار ۋە ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كېلىڭلار. [17] ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ خۇشبۇيدانلىرىڭلارنى ئەكىلىپ ئۈنىڭ ئۈستىگە خۇشبۇينى سېلىڭلار؛ ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ خۇشبۇيدانلىرىڭلارنى، يەنى جەمئىي ئىككى يۈز ئەللىك خۇشبۇيداننى ئېلىپ ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا تۇتۇپ تۇرۇڭلار؛ سەنمۇ، ھارۇنمۇ ھەربىرىڭلار ئۆز خۇشبۇيدانلىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، – دېدى.
[18] شۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ خۇشبۇيدانىنى ئېلىپ، ئوتنى يېقىپ، خۇشبۇي سېلىپ، مۇسا ۋە ھارۇن بىلەن بىرلىكتە جامائەت

---

**13:16** «بىزنى سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان زېمىندىن باشلاپ چىقىپ...» — مۇشۇ ئادەملەر مىسىر زېمىنىنى ماختىماقچى بولۇپ، شۇ يەردىكى قۇللۇق ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى.
**15:16** 1سام. 3:12

چېدىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇشتى. 19 كوراھ مۇسا بىلەن ھارۇنغا
ھۇجۇم قىلغىلى پۈتۈن جامائەتنى يىغىپ جامائەت چېدىرىنىڭ
دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىۋىدى، پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى پۈتكۈل
جامائەتكە ئايان بولدى. 20 پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز
قىلىپ: —
21 سىلەر بۇ خەلقنىڭ ئارىسىدىن نېرى تۇرۇڭلار، مەن كۆز يۇمۇپ
ئاچقۇچە ئۇلارنى يوقىتىۋېتىمەن، — دېۋىدى، 22 مۇسا بىلەن ھارۇن دۈم
يىقىلىپ: —
ئى تەڭرىم، بارلىق ئەت ئىگىلىرىنىڭ روھلىرىنىڭ خۇداسى، بىر ئادەم
گۇناھ قىلسا، غەزىپىڭنى پۈتۈن جامائەتكە چاچامسەن؟ — دېدى.
23 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: — 24 سەن جامائەتكە: «سىلەر
كوراھ، داتان ۋە ئابىرامنىڭ تۇرار جايلىرىدىن ئايرىلىپ ئۇلاردىن نېرى
كېتىڭلار» — دەپ بۇيرۇق بەر، — دېدى.
25 شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئورنىدىن تۇرۇپ داتان بىلەن ئابىرام تەرەپكە
قاراپ ماڭدى؛ ئىسرائىل ئاقساقاللىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
ماڭدى. 26 مۇسا جامائەتكە: — سىلەردىن ئۆتۈنىمەن، بۇ رەزىل
ئادەملەرنىڭ چېدىرلىرىدىن يىراق كېتىڭلار، ئۇلارنىڭ بارلىق
گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئۇلار بىلەن بىللە ۋەيران بولماسلىقىڭلار
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىسىگە قول تەگكۈزمەڭلار، — دېدى.
27 شۇنىڭ بىلەن جامائەت كوراھ، داتان، ئابىرامنىڭ چېدىرلىرىنىڭ تۆت
ئەتراپىدىن نېرى كەتتى؛ داتان بىلەن ئابىرام بولسا ئۆز ئاياللىرىنى،
ئوغۇل-قىزلىرىنى ۋە بوۋاقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۆز چېدىرىنىڭ
ئىشىكى ئالدىدا تۇردى.
28 مۇسا: — بۇنىڭدىن سىلەر شۇنى بىلىسىلەركى، بۇ ئىشلارنىڭ
ھەممىسى مېنىڭ كۆڭلۈمدىن چىققان ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار
مېنى ئۇلارنى ئادا قىلىشقا ئەۋەتكەن: 29 — ئەگەر بۇ ئادەملەرنىڭ
ئۆلۈمى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش بولىدىغان ياكى

**22:16** چۆل. 16:27؛ ئىبر. 9:12

ئۆلارنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان قىسمەتلەر ئادەتتىكى ئادەملەر دۇچار بولىدىغان قىسمەتلەرگە ئوخشاش بولىدىغان بولسا، پەرۋەردىگار مېنى ئەۋەتمىگەن بولاتتى. [30] ئەگەر پەرۋەردىگار يېڭى بىر ئىشنى قىلىپ، يەر ئاغزىنى ئېچىپ ئۆلارنى ۋە ئۆلارنىڭ پۈتۈن نەرسىسىنى يۇتۇپ كېتىشى بىلەن، ئۆلار تىرىكلا تەھتىساراغا چۈشۈپ كەتسە، ئۇ چاغدا سىلەر بۇ ئادەملەرنىڭ پەرۋەردىگارنى مەنسىتمىگەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر، ــ دېدى.

[31] مۇسانىڭ بۇ گېپى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئۆلارنىڭ پۈتى ئاستىدىكى يەر يېرىلدى. [32] يەر ئاغزىنى ئېچىپ ئۆلارنى بارلىق ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن، شۇنىڭدەك كوراھقا تەۋە ھەممە ئادەملەرنى قويماي تەئەللۇقاتلىرى بىلەن قوشۇپ يۇتۇپ كەتتى. [33] شۇنداق قىلىپ، ئۆلار ۋە ئۆلارنىڭ تەۋەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تىرىكلا تەھتىساراغا چۈشۈپ كەتتى، يەر ئۆلارنىڭ ئۈستىدە يېپىلدى. ئۆلار شۇ يول بىلەن جامائەتنىڭ ئارىسىدىن يوقالدى. [34] ئۆلارنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى ئۆلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ: «يەر بىزنىمۇ يۇتۇپ كېتەرمىكىن!» دېيىشىپ قېچىشتى.

[35] ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىن بىر ئوت چىقىپ، خۇشبۇي سۇنۇۋاتقان ھېلىقى ئىككى يۈز ئەللىك ئادەمنىمۇ يۇتۇپ كەتتى.

## يادنامە قىلىشقا قالدۇرۇلغان خۇشبۇيدانلار

[36] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: ــ

[37] سەن كاھىن ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازارغا بۇيرۇغىن، ئۇ خۇشبۇيدانلارنى ئوت ئارىسىدىن تېرىۋېلىپ، چوغلىرىنى يىراقلارغا چېچىۋەتسۇن، چۈنكى ئۇ خۇشبۇيدانلار خۇداغا ئاتالغاندۇر؛ [38] شۇڭا ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۆزى زامىن بولغان گۇناھكارلارنىڭ خۇشبۇيدانلىرىنى تېرىۋالغىن؛ ئۆلار قۇربانگاھنى قاپلاش ئۈچۈن سوقۇپ نېپىز تۈنىكە قىلىنسۇن،

**32:16** چۆل. 10:26؛ 3:27؛ قان. 6:11؛ زەب. 17:106

**35:16** زەب. 18:106

چۈنكى بۇ خۇشبۇيدانلار ئەسلىدە پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلۇپ ئۇنىڭغا ئاتالىپ مۇقەددەس قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كېيىن ئىسرائىللارغا ئىبرەت بولىدىغان ئىشارەت-بەلگە بولىدۇ.
[39] شۇنىڭ بىلەن كاھىن ئەلئازار ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلەر سۇنغان مىس خۇشبۇيدانلارنى تېرىۋالدى؛ ئۇلار قۇربانگاھنى قاپلىتىشقا نېپىز تۈنىكە قىلىپ سوقۇلدى. [40] شۇنىڭ بىلەن قۇربانگاھنىڭ بۇ قاپلىمىسى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا يات ئادەملەرنىڭ خۇددى كوراھ بىلەن ئۇنىڭ گۇرۇھىدىكىلەرگە ئوخشاش قىسمەتكە قالماسلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا خۇشبۇي كۆيدۈرۈشكە يېقىنلاشماسلىقىغا ئىسرائىللار ئۈچۈن بىر ئەسلەتمە بولدى. بۇ پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەلئازارغا بۇيرۇغانلىرىدۇر.

## جامائەتنىڭ ھارۇننىڭ يالۋۇرۇشى سەۋەبىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى

[41] ئەتىسى پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ يامان گېپىنى قىلىپ: —
سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىنى ئۆلتۈردۈڭلار، — دەپ غوتۇلداشتى.
[42] ۋە شۇنداق بولدىكى، جامائەت مۇسا بىلەن ھارۇنغا ھۇجۇم قىلىشقا يىغىلىۋاتقاندا، جامائەت بۇرۇلۇپ جامائەت چېدىرىغا قارىۋىدى، ۋە مانا، بۇلۇت چېدىرنى قاپلىۋالدى ھەم پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى ئايان بولدى.
[43] شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن ھارۇن جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇردى. [44] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: —
[45] مەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇلارنى يوقىتىپ تاشلىشىم ئۈچۈن ئىككىڭلار بۇ جامائەتتىن چىقىپ نېرى كېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇۋىدى، ئىككىيلەن يىقىلىپ يەردە دۈم ياتتى. [46] مۇسا ھارۇنغا: —
سەن خۇشبۇيداننى ئېلىپ ئۇنىڭغا قۇربانگاھتىكى ئوتتىن سال، ئۇنىڭغا خۇشبۇي قويۇپ، ئۇلار ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈشكە تېزلىكتە

جامائەتنىڭ ئارىسىغا ئاپار؛ چۈنكى قەھر-غەزەپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىن چىقتى، ۋابا باسقىلى تۇردى، – دېدى. [47] ھارۇن مۇسانىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، خۇشبۇيداننى ئېلىپ جامائەتنىڭ ئارىسىغا يۈگۈرۈپ كىردى؛ ۋە مانا، ۋابا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا باشلانغانىدى؛ ئۇ خۇشبۇينى خۇشبۇيدانغا سېلىپ، خەلق ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈردى. [48] ئۇ ئۆلۈكلەر بىلەن تىرىكلەر ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋىدى، ۋابا توختىدى. [49] كوراھنىڭ ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلگەنلەردىن باشقا، ۋابا سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر ئون تۆت مىڭ يەتتە يۈز كىشى بولدى. [50] ھارۇن جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا تۇرغان مۇسانىڭ يېنىغا يېنىپ كەلدى؛ ۋابا توختىدى.

## ھارۇننىڭ ھاسىسىنىڭ چېچەكلىشى

17 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: – [2] «سەن ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ، ئۇلاردىن ئاتا جەمەتى بويىچە، ھەر قەبىلىنىڭ ئەمىرىدىن بىردىن ئون ئىككى ھاسا ئالغىن؛ سەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىسمىنى ئۆزىنىڭ ھاسىسىغا يېزىپ قويغىن. [3] لاۋىي قەبىلىسىنىڭ ھاسىسىغا ھارۇننىڭ ئىسمىنى يازغىن، چۈنكى ھەربىر ئاتا جەمەت قەبىلە باشلىقى ئۈچۈن بىر ھاسا ۋەكىل بولىدۇ. [4] سەن بۇ ھاسىلارنى جامائەت چېدىرىدىكى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنىڭ ئالدىغا، يەنى مەن سىلەر بىلەن كۆرۈشىدىغان يەرگە

49:16 ««كوراھ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر» توغرۇلۇق ــــ ئىزاھات» ــ كوراھ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر شۇنداق ئەشەددىي ئاقىۋەتكە ئۇچرىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كېيىنكى بەزى ئەۋلادلىرى «زەبۇر»نىڭ بەزى قىسىملىرىنى (مەسىلەن، 42-49-كۈيلەرنى) يازغان. كوراھدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى 24-ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئەمرگە ئىتائەت قىلغان بولسا كېرەك.

قويغىن. [5] ۋە شۇنداق بولىدۇكى، مەن تاللىغان كىشىنىڭ بولسا،
ئۇنىڭ ھاسىسى بىخ سۈرىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ ئىسرائىللارنىڭ سىلەرگە
غۇدۇراشقان گەپلىرىنى توختىتىپ ماڭا ئاڭلانمايدىغان قىلىۋېتىمەن».
[6] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئىسرائىللارغا شۇنداق سۆز قىلدى؛ ئۇلارنىڭ
ھەممە ئەمىرلىرى ئۇنىڭغا بىردىن ھاسىنى، جەمئىي بولۇپ ئون
ئىككى ھاسىنى بەردى؛ ھەربىر ئاتا جەمەتكە بىر ھاسا ۋەكىل بولدى،
ھارۇننىڭ ھاسىسىمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. [7] مۇسا ھاسىلارنى
ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرىغا ئەكىرىپ پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا قويدى.
[8] ۋە شۇنداق بولدىكى، مۇسا ئەتىسى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرىغا
كىرىۋىدى، مانا، لاۋىي جەمەتىگە ۋەكىل بولغان ھارۇننىڭ ھاسىسى
بىخ سۈرۈپ، غۇنچىلاپ، چېچەكلەپ، بادام چۈشكەنىدى. [9] مۇسا
ھاسىلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ چىقىپ،
ئىسرائىل خەلقىگە كۆرسەتتى؛ ئۇلار كۆرگەندىن كېيىن ھەركىم ئۆز
ھاسىلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى.
[10] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ شۇ ئاسىيلىق قىلغۇچى بالىلارغا بىر ئاگاھ
بەلگىسى بولسۇن دەپ ھارۇننىڭ ھاسىسىنى ھۆكۈم-گۇۋاھنىڭ
ئالدىغا ئەكىرىپ قويغىن. شۇنداق قىلساڭ سەن ئۇلارنىڭ غۇدۇراشقان
گەپلىرىنى توختىتىپ، ماڭا ئاڭلانمايدىغان قىلىسەن؛ ئۇلارمۇ شۇنىڭ
بىلەن ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، ــ دېدى.

**4:17 «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق»** ــ مۇشۇ يەردە «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق» خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان تۈپ ئەمرلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان ئەھدىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ خۇدانىڭ مۇقەددەس ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى شۇ ئەمرلەردە ئايان قىلىنغاچقا، «ھۆكۈم-گۇۋاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، شۇ ئەمرلەر ئەھدەساندۇقى ئىچىدە ساقلاقلىق تاش تاختايلار ئۈستىدە پۈتۈكلۈك ئىدى. شۇڭا بەزىدە ساندۇق «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقى»، ئىبادەت چېدىرى «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**4:17** مىس. 22:25

**10:17 «ھۆكۈم-گۇۋاھ»** ــ 4:17تىكى ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگەندەك، مۇشۇ يەردە «ھۆكۈم-گۇۋاھ» خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان تۈپ ئەمرلىرىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى ساقلايدىغان ئەھدە ساندۇقنى كۆرسىتىدۇ.

**10:17** ئىبر. 4:9

[11] مۇسا شۇنداق قىلدى؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا قانداق بۇيرۇغان بولسا ئۇ شۇنداق قىلدى.
[12] ئىسرائىللار مۇساغا سۆز قىلىپ: —
بىز نەپەستىن قالاي دەۋاتىمىز، بىز تۈگەشتۇق، بىز ھەممىمىز تۈگەشتۇق! [13] پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىغا يېقىنلاشقانلار ئۆلمەي قالمايدۇ، شۇنداق ئىكەن، بىز ھەممىمىز مۇتلەق نەپەستىن قېلىشىمىز كېرەكمۇ؟ — دېيىشتى.

## كاھىن ۋە لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىسى

18 [1] پەرۋەردىگار ھارۇنغا مۇنداق دېدى: —
سەن، ئوغۇللىرىڭ ۋە ئاتا جەمەتىڭدىكىلەر سېنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇقەددەس جايغا مۇناسىۋەتلىك بولغان گۇناھنى، شۇنىڭدەك سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ بىرلىكتە كاھىنلىق ۋەزىپىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان گۇناھنى ئۈستۈڭلارغا ئالىسىلەر. [2] سەن قېرىنداشلىرىڭ بولغان لاۋىي قەبىلىسىدىكىلەرنى، يەنى ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ قەبىلىسىدىكىلەرنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرلەشتۇر ھەم ئۇلارنى خىزمىتىڭنى قىلىشى ئۈچۈن باشلاپ ئېلىپ كەل؛ بىراق سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭ سېنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى ئالدىدا خىزمەتلەرنى قىلسۇن. [3] ئۇلار سېنىڭ بۇيرۇقلىرىڭغا تەييار تۇرۇپ، شۇنداقلا چېدىردىكى بارلىق خىزمەت-ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ؛ پەقەت مۇقەددەس جايدىكى قاچا-قۇچا ئەسۋابلارغا ۋە قۇربانگاھقا

1:18 **«مۇقەددەس جايغا مۇناسىۋەتلىك بولغان گۇناھ»** — دېمەك، مۇقەددەس جاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇم گۇناھ ئۆتكۈزۈلسە، شۇ گۇناھنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بىرىنچى ئۇستىگە ئالغۇچى كاھىنلار ھەم لاۋىيلار بولىدۇ؛ گۇناھ كاھىنلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا مەسئۇلىيەتنى بىرىنچى ئۇستىگە ئالغۇچى كاھىنلار بولۇشى كېرەك. مۇشۇ ئاگاھ، شۇبھىسىزكى، 17-بابتىكى ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاگاھتۇر.

2:18 **«بىرلەشتۈر»** — بۇ سۆز مۇشۇ يەردە ۋە 4-ئايەتتە ئىبرانىي تىلدا «لاۋىي» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ («يار.» 34:29نى كۆرۈڭ).

يېقىنلاشمىسۇن؛ ئۇنداق قىلسا، ئۇلارمۇ، سىلەرمۇ ئۆلۈپ كېتىسىلەر.
[4] ئۇلار سىنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، جامائەت چېدىرىدىكى ۋەزىپىنى ئۆتەپ، قىلىدىغان ھەربىر ئىشىنى قىلسۇن؛ يەقەتلا ھېچ يات كىشىلەر سىلەرگە يېقىنلاشمىسۇن. [5] قەھر-غەزەپ يەنە ئىسرائىللارنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن ئۈچۈن، سىلەر مۇقەددەس جايدىكى ۋەزىپە بىلەن قۇربانگاھدىكى ۋەزىپىنى ئۆتەشكە مەسئۇل بولۇڭلار. [6] مانا، مەن ئۆزۈم سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولغان لاۋىيلارنى ئىسرائىللار ئىچىدىن تاللاپ چىقتىم؛ ئۇلار جامائەت چېدىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا پەرۋەردىگارغا تەقدىم قىلىنغان بولۇپ، سىلەرگە سوۋغا سۈپىتىدە ئاتا قىلىنغان. [7] لېكىن سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ سېنىڭ بىلەن بىرلىكتە كاھىنلىق ۋەزىپىلەردە تۇرۇپ، قۇربانگاھتىكى بارلىق ئىشلارنى ھەم پەردە ئىچىدىكى ئىشلارنى بېجىرىڭلار؛ سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلەر شۇنداق بولسۇن. كاھىنلىق ۋەزىپىسىنى، خىزمىتىمدە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرگە سوۋغا قىلىپ بەردىم؛ يات ئادەملەر يېقىنلاشسا، ئۆلتۈرۈۋېتىلسۇن.

## كاھىنلارنىڭ ئۈلۈشتا تېگىشلىك ئۈلۈشى

[8] پەرۋەردىگار ھارۇنغا مۇنداق دېدى: —
مەن ماڭا سۇنۇلغان كۆتۈرمە ھەدىيەلەرنى، يەنى ئىسرائىللار ماڭا مۇقەددەس دەپ ئاتىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۈلۈشۇڭلار بولسۇن دەپ، مانا مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە بىلەن ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا تەقدىم قىلدىم. [9] ئىسرائىللار ئوتتا سۇنىدىغان، «ئەڭ مۇقەددەس» نەرسىلەردىن سىلەرگە مۇنۇلار قالدۇرۇپ بېرىلىدۇ: — ئۇلارنىڭ ماڭا ئاتاپ سۇنغان بارلىق نەرسىلىرى، يەنى بارلىق ئاشلىق ھەدىيەلىرىدىن، بارلىق گۇناھ قۇربانلىقلىرىدىن، بارلىق ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقلىرىدىن «ئەڭ مۇقەددەس» ھېسابلانغانلىرى، ساڭا ۋە ئەۋلادلىرىڭغا ئاتا قىلىنىدۇ. [10] سەن شۇ ئۈلۈشۇڭنى «ئەڭ مۇقەددەس»

سۈپىتىدە يېگىن، سىلەردىن بولغان ھەربىر ئەر كىشى ئۇنى يېسۇن؛
ئۇ ساڭا «ئەڭ مۇقەددەس» دەپ بىلىنسۇن.
11 مۇنۇلارمۇ سېنىڭ بولىدۇ: — ئىسرائىللارنىڭ سوۋغاتلىرى ئىچىدىن
كۆتۈرمە ھەدىيەلەر، بارلىق پۇلاڭلاتما ھەدىيەلەر سېنىڭ؛ مەن ئۇلارنى
ساڭا، شۇنداقلا ئوغۇللىرىڭ بىلەن قىزلىرىڭغا مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە
بىلەن تەقدىم قىلدىم؛ سېنىڭ ئۆيۈڭدىكى ھەربىر پاك ئادەم ئۇنىڭدىن
يېسە بولىدۇ. 12 زەيتۇن مېيىدىن ئەڭ ئېسىلىنى، يېڭى شارابتىن ئەڭ
ئېسىلىنى، شۇنداقلا ئاشلىقتىن ئەڭ ئېسىلىنى، يەنى ئىسرائىللار
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنغان دەسلەپكى پىشقان مەھسۇلاتلارنىڭ
ھەممىسىنى مەن ساڭا تەقدىم قىلىپ بەردىم. 13 ئۇلار يەردىن ئېلىپ
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئەكەلگەن دەسلەپكى پىشقان نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن؛ ئۆيۈڭدىكى ھەربىر پاك ئادەم ئۇنىڭدىن
يېسە بولىدۇ.
14 ئىسرائىلدا خۇداغا مۇتلەق ئاتىلىدىغان ھەربىر نەرسە سېنىڭ
بولىدۇ.
15 ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كەلتۈرىدىغان بارلىق جانىۋارلارنىڭ
تۇنجىلىرى، مەيلى ئىنسان ياكى ئۇلاغ-چارپاي بولسۇن سېنىڭ
بولىدۇ؛ ھالبۇكى، ئىنسانلارنىڭ تۇنجىلىرىنى بولسا ئۇلارنى تۆلەم
تۆلەپ ياندۇرۇۋالسۇن ۋە ناپاك ھايۋانلارنىڭ تۇنجىلىرىنى تۆلەم
تۆلەپ ياندۇرۇۋالسۇن. 16 تۆلەم تۆلەش كېرەك بولغانلار ئۇچۇن يېشى

---

**10:18 «سەن شۇ ئۇلۇشۇڭنى «ئەڭ مۇقەددەس» سۈپىتىدە يېگىن»** — «ئەڭ مۇقەددەس» ھېسابلانغان نەرسىلەر «مۇقەددەس يەردە»، يەنى مۇقەددەس جايدىكى ھويلىدا يېيىلىشى كېرەك ئىدى. مەسىلەن، «لاۋ.» 16:6نى كۆرۈڭ.

**11:18** لاۋ. 14:10

**14:18** لاۋ. 28:27

**15:18 «بارلىق جانىۋارلارنىڭ تۇنجىلىرى»** — ئىبرانىي تىلدا «بارلىق ئەت ئىگىسى (بولغان جانىۋار)نىڭ بالىياتقۇسىنى ئاچىدىغانلار». **«تۆلەم تۆلەپ ياندۇرۇۋالسۇن»** — دېمەك، خەلق ئۇلارنىڭ ئورنىدا كاھىنلارغا پۇل بېرىشى كېرەك.

**15:18** مىس. 2:13؛ 29:22؛ لاۋ. 26:27؛ چۆل. 13:3

بىر ئايلىقتىن ئاشقاندا تۆلەم پۇلى تۆلەنسۇن؛ ئۇلارغا سەن توختاتقان باھا بويىچە، يەنى مۇقەددەس جايدىكى شەكەلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە (بىر شەكەل يىگىرمە گەراھدۇر) باھا قويۇپ، بەش كۈمۈش شەكەل ئال. [17] پەقەت تۇنجى كالا، تۇنجى قوي ياكى تۇنجى ئوغلاقتا تۆلەم ئالساڭ بولمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەستۇر. سەن ئۇلارنىڭ قېنىنى قۇربانگاھقا چېچىپ، مېيىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان، ئۇنىڭغا خۇشبۇي كەلتۈرىدىغان قۇربانلىق سۈپىتىدە كۆيدۈرگىن. [18] ئۇلارنىڭ گۆشى سېنىڭ بولىدۇ؛ خۇددى «كۆتۈرمە ھەدىيە» قىلىنغان تۆش ۋە ئوڭ ئارقا پۇتىغا ئوخشاش، ساڭا تەۋە بولىدۇ. [19] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنغان مۇقەددەس نەرسىلەر ئىچىدىكى كۆتۈرمە ھەدىيە-قۇربانلىقنىڭ ھەممىسىنى مەن ساڭا ۋە سېنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ئوغۇل-قىزلىرىڭغا مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە بىلەن تەقدىم قىلدىم. بۇ پەرۋەردىگار ئالدىدا سەن ۋە سېنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ئەۋلادلىرىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تۇزلۇق ئەھدە بولىدۇ.

## لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەم ئۈلۈشلىرى

[20] پەرۋەردىگار ھارۇنغا مۇنداق دېدى: ــ

ئىسرائىل زېمىنىدا سېنىڭ ھېچقانداق مىراسىڭ بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ھېچقانداق نېسىۋەڭ بولمايدۇ؛ ئىسرائىللار ئارىسىدا مانا مەن ئۆزۈم سېنىڭ نېسىۋەڭ، سېنىڭ مىراسىڭدۇرمەن.

[21] لاۋىيلارغا بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆتەيدىغان خىزمەتلىرى، يەنى جامائەت چېدىرىدىكى خىزمىتى ئۈچۈن، مانا مەن ئىسرائىلدا تەقدىم قىلىنغان بارلىق «ئوندىن بىر ئۈلۈش»نىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا مىراس قىلىپ بەرگەنمەن. [22] بۇنىڭدىن كېيىن، گۇناھكار بولۇپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئىسرائىللار جامائەت چېدىرىغا

**16:18** مىس. 13:30؛ لاۋ. 25:27؛ چۆل. 47:3؛ ئەز. 12:45

**20:18** قان. 9:10؛ 2:18؛ ئەز. 28:44

**يېقىنلاشمىسۇن. [23] جامائەت چېدىرىدىكى خىزمەتنى بولسا، ئۇنى
ئۆتىگۈچىلەر پەقەت لاۋىيلارلا بولىدۇ ۋە شۇ ئىشتا بولغان گۇناھىنى
ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد مەڭگۈلۈك
بىر بەلگىلىمە بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق
مىراسى بولمايدۇ. [24] چۈنكى ئىسرائىللارنىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
كۆتۈرمە ھەدىيە سۈپىتىدە سۇنغان «ئوندىن بىر ئۈلۈشى»نى لاۋىيلارغا
مىراس قىلىپ تەقدىم قىلىدىغان بولدۇم؛ شۇڭا مەن ئۇلار توغرۇلۇق:
ئىسرائىللار ئىچىدە ھېچقانداق مىراسى بولسا بولمايدۇ، — دېدىم.
[25] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: —
[26] سەن لاۋىيلارغا ئېيتقىن: «سىلەر ئىسرائىللارنىڭ قولىدىن
مەن سىلەرگە مىراس بولسۇن دەپ تەقدىم قىلغان «ئوندىن بىر
ئۈلۈش»نى ئالغان ئىكەنسىلەر، سىلەر شۇ ئوندىن بىر ئۈلۈشنىڭ
يەنە ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ئايرىپ، ئۇنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
كۆتۈرمە ھەدىيە سۈپىتىدە سۇنۇڭلار. [27] بۇ يول بىلەن سىلەرنىڭ شۇ
«كۆتۈرمە ھەدىيە»ڭلار سىلەرگە «خامانىدىكى ئاشلىقىڭلار»دىن ھەم
«شاراب كۆلچىكىدىكى تولۇپ تاشقان شارابىڭلار»دىن ئاتالغانلار
ھېسابلىنىدۇ. [28] بۇنداق بولغاندا، سىلەر ئىسرائىللارنىڭ قولىدىن
ئالغان ئوندىن بىر ئۈلۈشنىڭ ھەممىسىدىن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
كۆتۈرمە ھەدىيە سۇنىسىلەر؛ سىلەر پەرۋەردىگارغا ئاتىغان شۇ
«كۆتۈرمە ھەدىيە»نى كاھىن ھارۇنغا بېرىڭلار. [29] سىلەرگە تەقدىم**

---

23:18 **«شۇ ئىشتا بولغان گۇناھىنى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ»** — دېمەك، مۇبادا لاۋىيلار مۇقەددەس چېدىرنى بۇلغاپ، گۇناھ سادىر قىلسا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىخەستەلىكىدىن خەلق مۇقەددەس چېدىرنى بۇلغاپ ھەرقانداق گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، باش مەسئۇلىيەتنى لاۋىيلار ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

27:18 **«...سىلەرنىڭ شۇ «كۆتۈرمە ھەدىيە»ڭلار... دىن ئاتالغانلار ھېسابلىنىدۇ»** — لاۋىيلارنىڭ ھېچقانداق خامىنى ياكى شاراب كۆلچەكلىرى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرى خەلقتىن قوبۇل قىلغان «ئوندىن بىر ئۈلۈش»لەردىن ئوندىن بىرىنى ئېلىپ، پەرۋەردىگارغا «كۆتۈرمە ھەدىيە»لەرنى ئاتىشى كېرەك. شۇ يول بىلەن ئۇلارنىڭ سۇنغىنى خۇددى دېھقانلارنىڭ پەرۋەردىگارغا ئۆز ھوسۇلىدىن سۇنغىنىغا ئوخشاش بولىدۇ.

قىلىنغان بارلىق نەرسىلەردىن ئەڭ ئېسىلىنى ئېلىپ شۇلارنى
مۇقەددەس ھېسابلاپ «پەرۋەردىگارغا ئاتالغان تولۇق كۆتۈرمە ھەدىيە»
سۈپىتىدە سۇنۇڭلار».
[30] شۇڭا سەن لاۋىيلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر شۇلاردىن ئەڭ ئېسىلىنى
كۆتۈرۈپ سۇنساڭلار، بۇ سىلەر لاۋىيلارنىڭ خاماندىكى ئاشلىقڭلار
ۋە شاراب كۆلچىكىدىكى شارابىڭلارغا ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ.
[31] شۇنداق قىلغاندىن كېيىن سىلەر ۋە ئۆيدىكىلىرىڭلار شۇ «ئوندىن
بىر ئۈلۈش»لەرنى خالىغان يەردە يېسەڭلار بولىدۇ، چۈنكى بۇ
سىلەرنىڭ جامائەت چېدىرىدىكى خىزمىتىڭلارنىڭ ئىنئامى بولىدۇ؛
[32] سىلەر شۇ ئۈلۈشلەردىن ئەڭ ئېسىلىنى كۆتۈرۈپ سۇنساڭلار، مۇشۇ
ئىشىڭلار سەۋەبىدىن گۇناھكار بولمايسىلەر. ئۇنداق قىلساڭلار
سىلەر ئىسرائىللار ئاتىغان مۇقەددەس نەرسىلەرنى بۇلغىمايسىلەر،
شۇنىڭ بىلەن ئۆلمەيسىلەر».

## قىزىل سىيىرنىڭ كۈلى

19
[1] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:
[2] مەن پەرۋەردىگار ئەمر قىلغان قانۇن-بەلگىلىمە شۇكى: — سەن
ئىسرائىللارغا بۇيرۇغىن، ئۇلار بېجىرىم، نۇقسانسىز، بويۇنتۇرۇق
سېلىنمىغان قىزىل ياش سىيىردىن بىرنى سېنىڭ يېنىڭغا
ئەكەلسۇن. [3] سەن سىيىرنى كاھىن ئەلئازارغا تاپشۇر، ئۇ ئۇنى
چېدىرگاھنىڭ سىرتىغا ئەپچىقسۇن، ئاندىن بىرسى سىيىرنى ئۇنىڭ
ئالدىدا بوغۇزلىسۇن.

---

32:18 **«سىلەر ئىسرائىللار ئاتىغان مۇقەددەس نەرسىلەرنى بۇلغىمايسىلەر، شۇنىڭ بىلەن ئۆلمەيسىلەر»** ــ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «سىلەر ئىسرائىللار ئاتىغان مۇقەددەس نەرسىلەرنى ھېچ بۇلغىماڭلار؛ بولمىسا، ئۆلىسىلەر».
**3:19** ئىبر. 11:13، 12

[4]كاھىن ئەلئازار بارمىقىنى قانغا مىلەپ، جامائەت چېدىرىنىڭ
ئالدىغا قارىتىپ يەتتە مەرتەم چاچسۇن. [5]ئاندىن بىرسى ئەلئازارنىڭ
كۆز ئالدىدا پۈتكۈل سىيىرنى كۆيدۈرسۇن، يەنى ئۇنىڭ تېرىسى،
گۆشى، قېنى ۋە تېزەكلىرىنى كۆيدۈرسۇن. [6]كاھىن كېدىر ياغىچى،
زوفا ئۆسۈملۈكى ۋە قىزىل رەختنى سىيىر كۆيدۈرۈلىدىغان ئوتقا
تاشلىسۇن. [7]ئاندىن كاھىن ئۆز كىيىمىنى يۇسۇن ۋە بەدىنىنى سۇدا
يۇسۇن، ئاندىن كېيىن بارگاھقا كىرىشكە بولىدۇ؛ لېكىن كاھىن
كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن. [8]سىيىرنى كۆيدۈرگەن كىشىمۇ
كىيىملىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئۆز بەدىنىنى سۇدا يۇسۇن، ئاندىن
ئۇ كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن. [9]پاك بىر ئادەم سىيىرنىڭ كۈلىنى
يىغىپ بارگاھنىڭ سىرتىدىكى پاك بىر يەرگە قويسۇن؛ ئۇ ئىسرائىل
جامائىتى ئۈچۈن «ناپاكلىقنى چىقارغۇچى سۇ»نى ياساشقا شۇ يەردە
ساقلانسۇن، ئۇ بىر «گۇناھنى پاكلىغۇچى»دۇر. [10]سىيىرنىڭ كۈلىنى
يىغىشتۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يۇسۇن ۋە كەچ كىرگۈچە
ناپاك سانالسۇن. بۇ ئىسرائىللارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان
مۇساپىرلارغا مەڭگۈلۈك قانۇن-بەلگىلىمە بولىدۇ.

## خەلقنى ناپاكلىقتىن پاكلاش نىزامى

[11]— ئۆلۈككە، يەنى ھەرقانداق ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتىگە تېگىپ
كەتكەن ھەربىر كىشى يەتتە كۈن ناپاك سانىلىدۇ. [12]ئۇ ئادەم ئۈچىنچى
كۈنى ئاشۇ سۇ بىلەن ئۆزىنى پاكلىسۇن، ھەمدە يەتتىنچى كۈنىمۇ
پاكلىسۇن، ئاندىن ئۇ پاك سانىلىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۈچىنچى كۈنى ھەمدە
يەتتىنچى كۈنى ئۆزىنى پاكلىمىسا، پاك سانالمايدۇ. [13]ھەرقانداق

**4:19** ئىبر. 13:9

**5:19** مىس. 14:29؛ لاۋ. 11:4، 12

**6:19** **«قىزىل رەختنى»** — ياكى «قىزىل يىپنى».

**11:19** چۆل. 19:31؛ ھاگ. 13:2

**12:19** **«ئىزاھات»** — تولۇق ئايەتنىڭ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «ئۇ ئادەم ئۈچىنچى كۈنى ئەنە شۇنداق (ناپاكلىقنى چىقارغۇچى) سۇ بىلەن ئۆزىنى پاكلىسۇن، يەتتىنچى كۈنى ئۇ پاك سانىلىدۇ؛

ئادەم ئۆلۈككە، يەنى ھەرقانداق ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتىگە تېگىپ
كەتسە، ھەمدە ئۆزىنى پاكلىمىسا، پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرىنى
بۇلغىغان بولىدۇ؛ شۇ كىشى ئىسرائىل ئارىسىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ؛
چۈنكى «ناپاكلىقنى چىقارغۇچى سۇ» ئۇنىڭغا سېپىلمىگەچكە، ئۇ
ناپاك سانىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ناپاكلىقى تېخىچە ئۇستىدە تۇرىدۇ.
[14] ئەگەر بىرەر كىشى بىر چېدىر ئىچىدە ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ توغرۇلۇق
قانۇن-بەلگىلىمە مۇنداق بولىدۇ: — شۇ چېدىرغا كىرگەن ھەربىرسى ۋە
چېدىردا تۇرۇپ قالغانلارنىڭ ھەربىرى يەتتە كۈن ناپاك سانىلىدۇ. [15] ھەربىر
ئوچۇق تۇرغان، ئاغزى يېپىلمىغان قاچا-قۇچىلارنىڭ ھەممىسى ناپاك
سانىلىدۇ. [16] شۇنىڭدەك دالادا قىلىچ-شەمشەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە،
ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغاننىڭ ئۆلۈكىگە، ياكى ئادەمنىڭ ئۇستىخىنىنىغا
ياكى قەبرىسىگە تەگكەن ھەربىر كىشى يەتتە كۈنگىچە ناپاك سانىلىدۇ.
[17] كىشىلەر بۇ ناپاك كىشى ئۈچۈن «پاكلاندۇرغۇچى قۇربانلىق»نىڭ
كۆلىدىن ئازراق ئېلىپ كومزەككە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئېقىن سۇ
قۇيسۇن. [18] ئاندىن پاك بىر كىشى زوفا ئۆسۈملۈكىنى ئېلىپ شۇ سۇغا
تەگكۈزۈپ ئۇنى چېدىرغا ۋە ئىچىدىكى بارلىق قاچا-قۇچىلارغا ھەم شۇ
يەردە تۇرغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە سېپىپ قويسۇن، ۋە يەنە
ئۇنى ئۇستىخانغا، ئۆلتۈرۈلگۈچىگە ياكى قەبرىگە تەگكەن كىشىنىڭ
ئۈستىگە سېپىپ قويسۇن. [19] ئۈچىنچى كۈنى ۋە يەتتىنچى كۈنى ھېلىقى
پاك ئادەم پاك بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە شۇ سۇنى سېپىپ
قويسۇن؛ شۇنداق قىلغاندا، يەتتىنچى كۈنىگە كەلگەندە ئۇ كىشى
پاكلانغان بولىدۇ؛ ئاندىن ئۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بەدىنىنى سۇدا
يۇسۇن، كەچ كىرگەندە ئۇ پاك سانىلىدۇ.
[20] لېكىن ناپاك بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى پاكلىمىغان كىشى
پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس جايىنى بۇلغىغىنى ئۈچۈن، جامائەت
ئارىسىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ؛ «ناپاكلىقنى چىقارغۇچى سۇ» ئۇنىڭ

---

ئەگەر ئۇ ئۈچىنچى كۈنى ئۆزىنى پاكلىمىسا، يەتتىنچى كۈنى پاك سانالمايدۇ».
**18:19** زەب. 7:51

ئۇستىگە سېپىلمىگەن، شۇڭا ئۇ ناپاك سانىلىدۇ. [21] بۇ ئىسرائىللارغا
مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە بولىدۇ. «ناپاكلىقنى چىقارغۇچى سۇ»نى
سەپكەن كىشى بولسا ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يۇسۇن ۋە «ناپاكلىقنى
چىقارغۇچى سۇ»غا تەگكەن كىشى كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.
[22] ناپاك كىشى تەگكەن ھەرقانداق نەرسىمۇ ناپاك سانىلىدۇ؛ بۇ
نەرسىلەرگە تەگكەن كىشىلەرمۇ كەچ كىرگۈچە ناپاك سانالسۇن.

## مەريەمنىڭ ۋاپات بولۇشى

20 [1] بىرىنچى ئاينىڭ ئىچىدە ئىسرائىللار، يەنى پۈتكۈل
ئىسرائىل جامائىتى زىن چۆلىگە يېتىپ كېلىپ، قادەشتە
تۇرۇپ قالدى؛ مەريەم شۇ يەردە ۋاپات بولدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى.

## مەرىباھ سۈيى — خەلقنىڭ يەنە قاقشىشى

[2] جامائەتكە ئىچىدىغانغا سۇ يوق ئىدى، ئۇلار يىغىلىپ مۇسا بىلەن
ھارۇنغا ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى. [3] خەلق مۇسا بىلەن تەگىشىپ: —
قېرىنداشلىرىمىز پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۆلگەن چاغدا بىزمۇ بىللە
ئۆلسەك بوپتىكەن! [4] سىلەر نېمە ئۈچۈن بىز ۋە چارپايلىرىمىزنى
بۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسۇن دەپ، پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىنى بۇ چۆل-
جەزىرىگە باشلاپ كەلدىڭلار؟ [5] سىلەر نېمە ئۈچۈن بىزنى مىسىردىن
ئېلىپ چىقىپ بۇنداق دەھشەتلىك يەرگە ئەكەلدىڭلار؟ بۇ يەردە يا
تېرىقچىلىق قىلغىلى يەر بولمىسا، يا ئەنجۈر، ئۈزۈم، ئانار بولمىسا،
ئىچىدىغانغا سۇمۇ بولمىسا، — دېيىشتى.
[6] شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن ھارۇن جامائەتتىن ئايرىلىپ
جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ دۈم يىقىلدى،
پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى ئۇ ئىككىسىگە ئايان بولدى. [7] پەرۋەردىگار
مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —

3:20 چۆل. 32:16، 49

8 ھاسىنى قولۇڭغا ئال، ئاندىن سەن ئاكاڭ ھارۇن بىلەن بىرلىكتە
جامائەتنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا قورام تاشقا بۇيرۇق قىل؛
شۇنداق قىلساڭ قورام تاش ئۆز سۈيىنى چىقىرىدۇ؛ شۇ يول بىلەن
سەن ئۇلارغا سۇ چىقىرىپ، جامائەت ۋە چارپايلىرى ئىچىدىغانغا سۇ
بېرىسەن.
9 شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ
ھۇزۇرىدىن ھاسىنى ئالدى. 10 مۇسا بىلەن ھارۇن ئىككىسى جامائەتنى
قورام تاشنىڭ ئالدىغا يىغدى ۋە مۇسا ئۇلارغا: — گەپىمگە قۇلاق
سېلىڭلار، ئى ئاسىيلار! بىز سىلەرگە بۇ قورام تاشتىن سۇ چىقىرىپ
بېرەلەمدۇق؟! — دېدى. 11 ئاندىن مۇسا ھاسىسى بىلەن قورام تاشنى
ئىككى قېتىم ئۇرۇۋىدى، ناھايىتى كۆپ سۇ ئېقىپ چىقتى، سۇدىن
جامائەتمۇ، چارپايلارمۇ ئىچىشتى. 12 پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا:—
سىلەر ماڭا ئىشەنمەي، ئىسرائىللار ئالدىدا مېنى مۇقەددەس دەپ
ھۆرمەتلىمىگىنىڭلار ئۈچۈن، ئىككىڭلارنىڭ بۇ جامائەتنى مەن
ئۇلارغا تەقدىم قىلىپ بەرگەن زېمىنغا باشلاپ كىرىشىڭلارغا يول
قويمايمەن، — دېدى. 13 سۇ چىقىرىلغان جاي «مەرىباھ سۈلىرى» دەپ
ئاتالغان؛ ئىسرائىللار شۇ يەردە پەرۋەردىگار بىلەن تاكاللاشقانلىقى
ئۈچۈن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى
كۆرسەتتى.

---

8:20 **«هاسىنى قولۇڭغا ئال»** — مۇسانىڭ شۇ ھاسىسى كۆپ قېتىم خۇدانىڭ يولىدا ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن. بىرىنچى قېتىمقىسى «مىس.» 4:2دە تېپىلىدۇ.

**8:20** نەھ. 15:9؛ زەب. 15:78، 16؛ 41:105؛ 8:114

**10:20** قان. 51:32؛ زەب. 33،32:106

**11:20** زەب. 15:78-16؛ 41:105؛ يەش. 20:43؛ 21:48؛ 1كور. 4:10

12:20 **«سىلەر ماڭا ئىشەنمەي، ئىسرائىللار ئالدىدا مېنى مۇقەددەس دەپ ھۆرمەتلىمىگىنىڭلار ئۈچۈن»** — مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ «ئىسرائىللار ئالدىدا خۇدانى مۇقەددەس دەپ ھۆرمەتلىمەسلىك» گۇناھى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز. «قورام تاش» توغرۇلۇق «1كور.» 4:10نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**12:20** چۆل. 14:27؛ قان. 37:1

13:20 **«مەرىباھ»** — «تاكاللىشىش» دېگەن مەنىدە. **«پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا**

## ئېدوملارنىڭ ئىسرائىللارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىگە يول قويماسلىقى

[14] مۇسا قادەشتىن ئېدوم پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: «قېرىنداشلىرى ئىسرائىل مۇنداق دەيدۇ: ــ بىز تارتىۋاتقان جەبىر-جاپالارنىڭ قانداقلىقى ئۆزلىرىگە مەلۇم، [15] بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز مىسىرغا چۈشكەن بولۇپ، بىز مىسىردا ئۇزاق زامان تۇرۇپ كەتتۇق؛ مىسىرلىقلار بىزگىمۇ، بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغىمۇ يامان مۇئامىلە قىلدى؛ [16] بىز پەرۋەردىگارغا يىلىنىپ پەرۋەردىگارغا يىلىنىۋىدۇق، ئۇ بىزنىڭ زارىمىزغا قۇلاق سېلىپ، پەرىشتە ئەۋەتىپ بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتى. ھازىر مانا، بىز ئۆزلىرىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان قادەش دېگەن بىر شەھەردە تۇرۇۋاتىمىز. [17] ئەمدى بىزنىڭ زېمىنلىرىدىن ئۆتۈشىمىزگە رۇخسەت قىلغان بولسىلا، بىز ئېتىز-ئېرىق ۋە ئۈزۈمزارلىقلاردىن ئۆتمەيمىز، قۇدۇقلىرىڭلاردىن سۇمۇ ئىچمەيمىز؛ «خان يولى» بىلەن مېڭىپ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە ئوڭ-سولغا بۇرۇلمايمىز» ــ دېدى.

[18] لېكىن ئېدوملار ئۇنىڭغا: «سىلەرنىڭ بىزنىڭ زېمىنىمىزدىن ئۆتۈشۈڭلەرگە بولمايدۇ، ئۆتمەن دېسەڭلار قىلىچ كۆتۈرۈپ سىلەرگە جەڭگە چىقىمىز» ــ دېدى.

[19] ئىسرائىللار ئۇنىڭغا: «بىز «كۆتۈرۈلگەن يول» بىلەن ماڭىمىز، ئۆزىمىز ۋە ماللىرىمىز سۇيۇڭلارنى ئىچسەك، نەرخى بويىچە ھەققىنى

---

**ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى»** ــ خۇدا مۇسا ۋە ھارۇننىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلىمىگىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى جازالاپ، مۇسانىڭ خەلق ئالدىدا قىلغان بىھۆرمەتلىك سۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىنى كۆرسەتتى.

**14:20** قان. 23:6؛ ئوب. 10؛ ئوب. 12

**16:20 «پەرىشتە»** ــ بەزىلەر «ئەلچى» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. لېكىن «مىس.» 20:23، 23، 32:34دىن قارىغاندا، مەنىسى دەرۋەقە «پەرىشتە»دۇر.

**16:20** مىس. 2:23؛ 19:14

**18:20 «... بىزنىڭ زېمىنىمىزدىن ... سىلەرگە جەڭگە چىقىمىز»** ــ ئىبرانىي تىلدا «... مېنىڭ زېمىنىمدىن... سىلەرگە جەڭگە چىقىمەن» دېيىلىدۇ.

بىرىمىز؛ بىز پەقەت پىيادە ئۆتۈپ كېتىمىز، باشقا ھېچ تەلىپىمىز يوق» دېيىشتى. [20]«بىز» ئېدوم پادىشاھى: «ياق. ئۆتمەيسىلەر!» دېدى. ئېدوم پادىشاھى ناھايىتى كۆپ ئادەمنى باشلاپ چىقىپ ئىسرائىللارغا زور ھەيۋە كۆرسەتتى. [21] شۇنداق قىلىپ ئېدوملار ئىسرائىللارنىڭ ئۆز زېمىنىدىن ئۆتۈشىگە ئەنە شۇ يوسۇندا يول قويمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئېدوملارنىڭ ئالدىدىن بۇرۇلۇپ كەتتى.

## ھارۇننىڭ ۋاپات بولغانلىقى

[22] ئۇلار قادەشتىن يولغا چىقتى؛ پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى ھور تېغىغا كەلدى. [23] پەرۋەردىگار ئېدومنىڭ چېگرىسىدىكى ھور تېغىدا مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[24] ھارۇن ئۆز خەلقلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ؛ ئىككىڭلار مەرىباھ سۇلىرى دېگەن جايدا مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەن ئىسرائىللارغا تەقدىم قىلىپ بەرگەن زېمىنغا كىرىشىگە بولمايدۇ. [25] سەن ھارۇن بىلەن ئوغلى ئەلئازارنى ئېلىپ ھور تېغىغا چىققىن؛ [26] ھارۇننىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئوغلى ئەلئازارغا كىيدۈرۈپ قوي؛ ھارۇن شۇ يەردە ئۆلۈپ، ئۆز خەلقلىرىگە قوشۇلىدۇ.
[27] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، ئۇلار پۈتكۈل جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا ھور تېغىغا چىقتى. [28] مۇسا ھارۇننىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئۇنىڭ ئوغلى ئەلئازارغا كىيدۈرۈپ قويدى؛

---

19:20 **«بىز»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مەن».
20:20 **«ئېدوم پادىشاھى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئېدوم».
21:20 ھاك. 18:11
22:20 چۆل. 37:33
24:20 **«ئۆز خەلقلىرىگە قوشۇلۇش»** ــ مۇشۇ ئىبارە توغرۇلۇق «يار.» 8:25 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىبارە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، روھىنىڭ يەنىلا ھايات بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
25:20 چۆل. 38:33؛ قان. 50:32

ھارۇن تاغنىڭ چوققىسىدا ئۆلدى. ئاندىن مۇسا بىلەن ئەلئازار تاغدىن چۈشۈپ كەلدى. [29] پۈتكۈل جامائەت ھارۇننىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىسرائىل جەمەتى ھارۇن ئۈچۈن ئوتتۇز كۈن ماتەم تۇتتى.

## قانائانىيلارنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى

21 [1] جەنۇبتا تۇرۇشلۇق ئاراد مەملىكىتىنىڭ قانائانىيلاردىن بولغان پادىشاھى ئىسرائىللارنىڭ ئاتارىم يولى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، چىقىپ ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ، نەچچەيلەننى تۇتقۇن قىلىپ كەتتى. [2] ئاندىن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا قەسەم ئىچىپ: «ئەگەر بۇ خەلقنى بىزنىڭ قولىمىزغا پۈتۈنلەي تاپشۇرىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ تاشلايمىز» ــ دېدى. [3] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ پەريادىنى ئاڭلاپ، قانائانىيلارنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قانائانىيلارنى ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى بىلەن قوشۇپ ۋەيران قىلدى؛ شۇ سەۋەبتىن ئۇلار شۇ يەرنى «خورماھ» دەپ ئاتىدى.

## زەھەرلىك يىلانلار بىلەن مىس يىلان

[4] ئۇلار ھور تېغىدىن يولغا چىقىپ، ئېدوم زېمىنىنى ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، قىزىل دېڭىز بويىدىكى يولنى بويلاپ ماڭدى؛ خەلق مۇشۇ يول سەۋەبىدىن كۆڭلىدە تولىمۇ تاقەتسىز بولۇپ، [5] خۇداغا ۋە مۇساغا قارشى چىقىپ: ــ سىلەر نېمە ئۈچۈن بىزنى چۆل-جەزىرىدە ئۆلسۇن دەپ مىسىر زېمىنىدىن باشلاپ چىققانسىلەر؟ بۇ يەردە يا ئاشلىق، يا

**28:20** قان. 6:10؛ 50:32

**1:21 «جەنۇبتا»** ــ ئىبرانىي تىلدا «نەگەۋدە». نەگەۋ بولسا پەلەستىن زېمىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى چوڭ چۆللۈك يەردۇر.

**3:21 «خورماھ»** ــ دېگەننىڭ مەنىسى «ۋەيرانە».

سۇ يوق، كۆڭلىمىز بۇ ئەرزىمەس نانلاردىن بىزار بولدى، دېيىشتى.
[6] شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئارىسىغا زەھەرلىك يىلانلارنى
ئەۋەتتى؛ يىلانلار ئۇلارنى چاقتى، شۇ سەۋەبتىن ئىسرائىللاردىن نۇرغۇن
ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. [7] خەلق مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: — بىز
ئاغزىمىزنى بۇزۇپ، پەرۋەردىگارغا ھەم ساڭا ھۇجۇم قىلىپ، يامان گەپ
قىلىپ گۇناھ قىلدۇق؛ پەرۋەردىگارغا تىلاۋەت قىلساڭ، ئۇ بۇ يىلانلارنى
ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتكەي، — دېيىشتى، مۇسا خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلدى.
[8] پەرۋەردىگار مۇساغا: —
سەن بىر زەھەرلىك يىلاننىڭ شەكلىنى ياساپ خادىغا ئېسىپ قويغىن؛
يىلان چېقىۋالغان ھەربىرى ئۇنىڭغا قارىسىلا قايتا ھاياتقا ئېرىشىدۇ،
— دېدى. [9] مۇسا مىستىن بىر يىلان ياسىتىپ خادىغا ئېسىپ قويدى؛
ۋە شۇنداق بولدىكى، يىلان بىركىمنى چېقىۋالغان بولسا، ئۇ بۇ مىس
يىلانغا قارىسىلا، ئۇلار ھايات قالدى.

## ئوبوتتىن پىسگاھغىچە مېڭىش

[10] ئىسرائىللار يەنە يولغا چىقىپ ئوبوتقا كېلىپ چېدىر تىكتى. [11] يەنە
ئوبوتتىن يولغا چىقىپ، موئاب زېمىنىنىڭ ئۇدۇلىدا كۈن چىقىش
تەرەپتىكى ئىيە-ئابارىمغا كېلىپ چېدىر تىكتى. [12] ئۇلار يەنە ئۇ
يەردىن يولغا چىقىپ زەرەد جىلغىسىدا چېدىر تىكتى. [13] يەنە ئۇ يەردىن
مېڭىپ ئامورىيلارنىڭ زېمىنىنىڭ چېتىدىن چىقىپ چۆل-باياۋاندىن

---

5:21 **«ئەرزىمەس نانلار»** — بۇ سۆز خۇدا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى چۈشۈرىدىغان «ماننا»نى كۆرسىتىدۇ. «مىس.» 13:16-36نى كۆرۈڭ.

6:21 **«زەھەرلىك يىلانلار»** — ئىبرانيي تىلىدا «ئوت يىلانلار».

**6:21** 1كور. 9:10

**8:21** يۇھ. 14:3

9:21 **«مىستىن بىر يىلان... ياسىتىپ خادىغا ئېسىپ قويغىن»** — بۇ ۋەقە توغرۇلۇق يەنە «يۇھ.» 14:3-15نى كۆرۈڭ.

**9:21** 2پاد. 4:18؛ يۇھ. 14:3

**10:21** چۆل. 43:33

ئۆتۈپ، ئېقىپ تۇرغان ئارنون دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا چېدىر تىكتى (چۈنكى ئارنون دەرياسى موئابىيلارنىڭ چېگرىسى بولۇپ، موئابىيلار بىلەن ئاموريلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. [14-15] شۇڭا «پەرۋەردىگارنىڭ جەڭنامىسى» دېگەن كىتابتا: ــ

«سۇفاھدىكى ۋاھەب ۋە دەريا-ۋادىلىرى،

ئارنون دەرياسى ۋە جىلغىلىرىنىڭ يانباغىرلىرى،

ئارنىڭ تۇرالغۇسىغىچە يېتىپ،

موئابنىڭ چېگرىسىغا چۈشىدۇ» دەپ پۈتۈلگەنىدى).

[16] ئىسرائىللار يەنە ئۇ يەردىن مېڭىپ بەئەرگە كەلدى؛ «بەئەر» قۇدۇق دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىلگىرى پەرۋەردىگار مۇساغا: «سەن خەلقنى يىغ، مەن ئۇلارغا ئىچىدىغان سۇ بېرەي» دېگەندە شۇ قۇدۇقنى كۆزدە تۇتقان. [17] شۇ چاغدا ئىسرائىللار مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىشقان: ــ

«ئاھ قۇدۇق، چىقسۇن سۈيۈڭ بۇلدۇقلاپ،

ناخشا ئېيتىڭلار، قۇدۇققا بېغىشلاپ:

[18] بۇ قۇدۇقنى ئەمىرلەر،

خەلقنىڭ كاتتىلىرى قازغان،

قانۇن چىقارغۇچىنىڭ سۆزى بىلەن،

ھاسىلىرى بىلەن قازغان».

ئىسرائىللار چۆل-باياۋاندىن يەنە ماتتاناھقا، [19] ماتتاناھتىن ناھالىيەلگە، ناھالىيەلدىن باموتقا، [20] باموتتىن موئاب دالاسىدىكى

13:21 ھاك. 18:11

14-15:21 **«تەرجىمە»** ــ بۇ قەدىمكى شېئىرنىڭ بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار. بۇ يەردە مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئۇنى نەقىل كەلتۈرۈشىنىڭ مەقسىتى، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگار قەدىمدىن تارتىپ موئاب ئۇچۈن بېكىتكەن چېگرانىڭ ئارنون دەرياسى بىلەن ئار شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر.

18:21 **«قانۇن چىقارغۇچىنىڭ سۆزى بىلەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «تاياقلىرى بىلەن». **«خەلقنىڭ كاتتىلىرى قازغان، ... ھاسىلىرى بىلەن قازغان»** ــ بۇ ئىشنىڭ شۇ ئالاھىدىلىكى باركى، پەقەت ئاددىي پۇقرالارلا ئەمەس، خەلقنىڭ كاتتىلىرىمۇ ئەمگەك قىلىپ قۇدۇق كولاشتى.

جىلغىغا، يەنە چۆل-باياۋان تەرەپكە قاراپ تۇرغان پىسگاھ تېغىنىڭ
چوققىسىغا يېتىپ باردى.

## ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى بىلەن باشان پادىشاھىنى يەڭگەنلىكى

21 ئىسرائىللار ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھوننىڭ ئالدىغا ئەلچىلەرنى
ئەۋەتىپ: 22 — بىزنىڭ ئۆز زېمىنلىرىدىن ئۆتۈۋېلىشىمىزگە ئىجازەت
بەرگەيلا؛ بىز سىلىنىڭ ئېتىزلىقلىرىغا ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرىغا
كىرمەيمىز، قۇدۇقلىرىدىن سۇمۇ ئىچمەيمىز؛ تەۋەلىرىدىن ئۆتۈپ
كەتكۈچە «خان يولى»دىن چىقمايمىز، — دېدى. 23 سىھون ئىسرائىللارنى
ئۆز چېگرىسىدىن ئۆتكىلى قويمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇ
ئىسرائىللار بىلەن سوقۇشىمەن دەپ، ئۆزىنىڭ بارلىق خەلقىنى يىغىپ
چۆلگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇ ياھازغا كېلىپ ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلدى.
24 ئىسرائىللار ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يۇرتىنى
ئارنون دەرياسىدىن ياببوك دەرياسىغىچە، يەنى ئاممونىيلارنىڭ
چېگرىسىغىچە ئىگىلىدى؛ ئاممونىيلارنىڭ چېگرىسى بولسا بەك
مۇستەھكەم ئىدى. 25 ئىسرائىللار بۇ يەردىكى ھەممە شەھەرنى
ئىگىلىدى ھەم ئامورىيلارنىڭ شەھەرلىرىگە، يەنى ھەشبونغا ۋە
ئۇنىڭغا تەۋە بارلىق يېزا-قىشلاقلارغىمۇ كىرىپ ئورۇنلاشتى. 26 چۈنكى
ھەشبون ئەسلىدە ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھوننىڭ مەركىزىي
شەھىرى ئىدى؛ سىھون ئەسلىدە موئابنىڭ ئىلگىرىكى پادىشاھى
بىلەن سوقۇشقان، ئۇنىڭ ئارنون دەرياسىغىچە بولغان ھەممە زېمىنىنى
تارتىۋالغانىدى. 27 شۇ سەۋەبتىن شائىرلار: —

---

**21:21** **«ئىزاھات»** — «قان.» 11:3-26:2نىمۇ كۆرۈڭ.

**21:21** قان. 26:2؛ ھاك. 19:11

**22:21** چۆل. 17:20

**24:21** **«ئاممونىيلارنىڭ چېگرىسىغىچە ئىگىلىدى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئاممونىيلارنىڭ چېگرىسى يائازەر ئىدى» (32-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**24:21** قان. 33:2، 37؛ 7:29؛ يە. 2:12؛ 8:24؛ ھاك. 2:11؛ زەب. 12-10:135؛ 21-19:136؛ ئام. 9:2

**25:21** قان. 34:2، 35

**«ھەشبونغا كېلىڭلار!**
**مانا سىھوننىڭ شەھىرى يېڭىۋاشتىن قۇرۇلسۇن،**
**سىھوننىڭ شەھىرى مەھكەم قىلىنسۇن.**
**[28] چۈنكى ھەشبوننىڭ ئۆزىدىن چىقتى بىر ئوت،**
**سىھوننىڭ شەھىرىدىن بىر يالقۇن يالقۇنلاپ،**
**يۇتۇۋەتتى موئابتىكى ئار شەھىرىنى،**
**ئارنوندىكى ئېگىز جايلارنىڭ ئەمىرلىرىنى.**
**[29] ۋاي ساڭا ئەي موئاب!**
**ھەي كېموشنىڭ ئۇممىتى، تۈگەشتىڭلار!**
**چۈنكى** كېموش **ئۆز ئوغۇللىرىنى قاچقۇنغا ئايلاندۇردى،**
**قىزلىرىنى ئەسىرلىككە بېرىپ، ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھونغا تۇتۇپ بەردى! [30] بىز ئۇلارنى يىقىتىۋەتتۇق،**
**ھەشبون تاكى دىبونغىچە ھالاك بولدى؛**
**بىز ھەتتا نوفاھقىچە (نوفاھتىن مەدەباغا يېتىدۇ) ئۇلارنىڭ يۇرتىنى ۋەيران قىلىۋەتتۇق!» — دەپ شېئىر يېزىشقاندى.**
**[31] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئەنە شۇ تەرىقىدە ئامورىيلارنىڭ يۇرتىغا ئورۇنلاشتى. [32] مۇسا يائازەرنى چارلاپ كېلىشكە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى؛ ئاندىن ئىسرائىللار يائازەرنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇيەرلەردىكى ئامورىيلارنى يېرىدىن قوغلىۋەتتى. [33] شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىللار بۇرۇلۇپ، باشاننىڭ يولىنى بويلاپ ماڭدى؛ باشاننىڭ پادىشاھى ئوگ ۋە ئۇنىڭ بارلىق خەلقى چىقىپ ئەدرەيدە ئىسرائىللار بىلەن جەڭ قىلىشقا سەپ تۈزدى. [34] پەرۋەردىگار مۇساغا:**

---

**28:21** يەش. 45:48

**29:21 «كېموش»** — كېموش موئاب چوقۇنغان بۇت ئىدى. موئابىيلارنىڭ ئۇنىڭغا ئۆز بالىلىرىنى قۇربانلىق قىلىش ئادىتى بار ئىدى («2پاد.» 27:3نى كۆرۈڭ). بۇ تارىخقا قارىغاندا، كېموشنىڭ «ئۆز خەلقىگە» ھېچ پايدىسى بولمىغاندى!

**29:21** 1پاد. 7:11، 33

**30:21 «بىز ئۇلارنى يىقىتىۋەتتۇق»** — ياكى «بىز ئۇلارغا ئاتتۇق».

**33:21** قان. 1:3؛ 7:29

– قورقما، مەن ئۇنى، ئۇنىڭ بارلىق خەلقى ھەم زېمىنىنى قولۇڭغا
تاپشۇرىمەن؛ سەن ئۇنى ئىلگىرى ھەشبوندا تۇرۇشلۇق ئامورىيلارنىڭ
پادىشاھى سىھوننى قىلغانىدەك قىلىسەن، – دېدى. 35 شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار ئوگ بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ھەم بارلىق خەلقىنىڭ بىرىنى
قويماي قىرىپ تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىدى.

## موئاب پادىشاھى بالاقنىڭ بالائامنى ئىسرائىلنى قارغاشقا چاقىرىشى

22 1 ئىسرائىللار يەنە يولغا چىقىپ موئاب تۈزلەڭلىكلىرىدە، يەنى
ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە، يېرىخونىڭ ئۇدۇلىدا
چېدىر تىكتى. 2 ئىسرائىللارنىڭ ئامورىيلارغا قىلغان ئىشلىرىنىڭ
ھەممىسىنى زىپپورنىڭ ئوغلى بالاق كۆرۈپ تۇرغانىدى. 3 موئابلار
خەلقتىن ئىنتايىن قورقۇشتى، چۈنكى ئۇلار بەك كۆپ ئىدى؛ موئابىيلار
ئىسرائىللارنىڭ سەۋەبىدىن بەك ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. 4 موئابىيلار
مىدىيان ئاقساقاللىرىغا: «بۇ بىر توپ ئادەم ئەتراپىمىزدىكى ھەممە
نەرسىنى، خۇددى كالا ئېتىزدىكى ئوتنى يالمىغاندەك يالماپ يەپ
كېتىدىغان بولدى» – دېيىشتى. ئۇ چاغدا زىپپورنىڭ ئوغلى بالاق
موئابنىڭ پادىشاھى ئىدى.
5 ئۇ ئەلچىلەرنى بېئورنىڭ ئوغلى بالائامنىڭ ئالدىغا، بالائامنىڭ ئانا
يۇرتىدىكى ئۇلۇغ دەريا بويىدىكى پېتور شەھىرىگە بېرىپ، بالائامنى
چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپ: پادىشاھىمىز: – «قارىسىلا، بىر خەلق
مىسىردىن چىققانىدى؛ مانا، ئۇلار پۈتۈن زېمىنغا يامراپ كەتتى،
مانا ئۇلار بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا كېلىپ چۈشتى. 6 ئۇلار مېنىڭدىن

---

34:21 زەب. 20:136

35:21 زەب. 20:136، 21، 22

5:22 **«بالائام»** ــ بالائامنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق يەنە «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

5:22 يە. 9:24

كۆچلۈك بولغاچقا، ئەمدى ئۆزلىرى كېلىپ بۇ خەلقنى مەن ئۈچۈن بىر
قارغاپ بەرگەن بولسىلا؛ بەلكىم مەن ئۇلارنى يېڭىپ، بۇ زېمىندىن
قوغلاپ چىقىرىشىم مۇمكىن؛ چۈنكى ئۆزلىرى كىمگە بەخت
تىلىسىلە شۇنىڭ بەخت قۇچىدىغانلىقىنى، كىمنى قارغىسىلا،
شۇنىڭ قارغىشقا قالىدىغانلىقىنى بىلىمەن» دەيدۇ، دەڭلار، —
دېدى. [7] موئابنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن مىدىيانىنىڭ ئاقساقاللىرى
قوللىرىدا پال سېلىش ئىنئاملىرىنى ئېلىپ ماڭدى؛ ئۇلار بالائامنىڭ
ئالدىغا كېلىپ بالاقنىڭ گەپلىرىنى يەتكۈزدى. [8] بالائام ئۇلارغا: —
بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭلار، مەن پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا
قىلغان سۆزى بويىچە سىلەرگە جاۋاپ يەتكۈزىمەن، — دېدى. شۇنىڭ
بىلەن موئابنىڭ شۇ ئەمىرلىرى بالائامنىڭكىدە قونۇپ قالدى.
[9] خۇدا بالائامنىڭكىگە كېلىپ: —
سېنىڭ بىلەن بىللە تۇرغان بۇ ئادەملەر كىم؟ — دېۋىدى، [10] بالائام
خۇداغا: — موئاب پادىشاھى زىپپورنىڭ ئوغلى بالاق ئەلچىلەرنى
ئەۋەتىپ ماڭا: [11] «قارىسىلا، مىسىردىن بىر خەلق چىققاندى، ئۇلار
پۈتۈن زېمىنغا يامراپ كەتتى؛ بۇ يەرگە كېلىپ مېنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى
قارغاپ بەرسىلە، شۇنداق قىلسىلا بەلكىم ئۇلارنى يېڭىپ، بۇ يەردىن
قوغلىۋېتەلىشىم مۇمكىن» — دېدى، — دېدى.
[12] خۇدا بالائامغا:
سەن ئۇلار بىلەن بىللە بارساڭ بولمايدۇ، ئۇ خەلقنى قارغىساڭمۇ
بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنغان، — دېدى.
[13] بالائام ئەتىگەن تۇرۇپ بالاقنىڭ ئەمەلدارلىرىغا: —
سىلەر ئۆز يۇرتۇڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار مېنىڭ
سىلەر بىلەن بىللە بېرىشىمغا رۇخسەت قىلمىدى، — دېدى.
[14] موئابنىڭ ئەمەلدارلىرى قوپۇپ بالاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: —
بالائام بىز بىلەن بىللە كېلىشكە ئۇنىمىدى، — دېدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن بالاق تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ مۆتىۋەر ئەمەلدارلارنى

---

8:22 **«ئۇلۇغ دەريا»** — ئەفرات دەرياسىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئەۋەتتى، [16] ئۇلار بالائامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: –
زىپپورنىڭ ئوغلى بالاق مۇنداق دەيدۇ: – «ھېچنېمە سىلىنىڭ يېنىمغا كېلىشلىرىنى توسماغاي؛ [17] چۈنكى مەن ئۇزلىرىنى زور شان-شۆھرەتكە ئىگە قىلىمەن؛ نېمە دېسىلە ماقۇل دەيمەن؛ شۇڭا ماڭا ئەشۇ خەلقنى قارغاپ بەرسىلىلا بولىدۇ»، – دېدى.
[18] بالائام بالاقنىڭ خىزمەتكارلىرىغا جاۋابەن: –
بالاق ماڭا ئۆزىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشكە لىق تولغان ئۆز ئۆيىنى بەرسىمۇ، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ئىش قىلاي، خۇدايىم پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا بۇيرۇغانلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيمەن. [19] سىلەرمۇ بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭلار، پەرۋەردىگار يەنە شۇ ئىشلار توغرىسىدا ماڭا نېمە دەيدىكىن، شۇنى بىلەي، – دېدى.
[20] شۇ كېچىسى خۇدا بالائامنىڭكىگە كېلىپ ئۇنىڭغا: –
ئۇ كىشىلەر سېنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە بارغىن، لېكىن سەن مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغانلىرىمغا بويىچە ئىش قىلىشىڭ كېرەك، – دېدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بىلەن بالائامنىڭ ئېشىكى

[21] بالائام ئەتىگەن تۇرۇپ ئېشىكىنى توقۇپ موئابنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن بىللە ماڭدى. [22] خۇدا بالائامنىڭ ماڭغانلىقىدىن غەزەپلەندى؛ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنى توسۇشقا يولدا تۇراتتى. ئۇ شۇ چاغدا ئېشىكىگە مىنىپ ئىككى غۇلامى بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتى. [23] مادا ئېشەك پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ قولىغا قىلىچ ئالغان ھالدا يولدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يولدىن

**18:22** چۆل. 13:24.
**20:22** **«ئۇ كىشىلەر سېنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن بولسا،...»** – ياكى «ئۇ كىشىلەر (يەنە) سېنى تەكلىپ قىلىپ كەلسە،...».
**22:22** **«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»** – تەۋرات دەۋرىدە ئىنتايىن ئالاھىدە بىر شەخس ئىدى. بەزى ئىشلاردا ئۇ خۇدانىڭ ئورنىدا كۆرۈنەتتى (مەسىلەن، تەۋراتتىكى «يار.» 4:16-17ئايەت، 18-بابنى ھەمدە «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ).

چىقىپ ئېتىزلىق بىلەن مېڭىۋىدى، بالائام ئېشەكنى يولغا
چىقىپ مېڭىشقا دۇمبالاپ ئۇردى. 24 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى
ئىككى تەرىپى توسما تام بىلەن توسۇلغان ئۈزۈمزارلىقتىكى تار
بىر يولدا تۇرۇۋالدى. 25 ئېشەك پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنى
كۆرۈپ، تامغا قىستىلىپ مېڭىپ، بالائامنىڭ پۇتىنى
تامغا قىستاپ يارىلاندۇرۇپ قويدى؛ بالائام ئېشەكنى يەنە
دۇمبالىدى. 26 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بولسا يەنە ئالدىغىراق
بېرىپ، ئوڭ يا سولغا بۇرۇلۇشقا بولمايدىغان تېخىمۇ تار بىر
يەردە كۈتۈپ تۇردى. 27 ئېشەك پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنى
كۆرۈپ ماڭماي، بالائامنىڭ ئاستىدا يېتىۋالدى؛ بالائام قاتتىق
خاپا بولۇپ، ئېشەكنى ھاسىسى بىلەن قاتتىق دۇمبالاپ كەتتى.
28 بۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئېشەككە زۇۋان كىرگۈزۈۋىدى، ئېشەك
بالائامغا: —
مېنى ئۈچ قېتىم دۇمبالايدىغانغا ساڭا نېمە يامانلىق قىپتىمەن؟ —
دېۋىدى، 29 بالائام ئېشەككە: —
سەن مېنى سەتلەشتۈردۈڭ، قولۇمدا قىلىچ بولغان بولسا ئىدى، سېنى
چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم! — دېدى.
30 ئېشەك بالائامغا: — مەن سېنىڭكى بولغىنىمدىن تارتىپ مىنىپ
كەلگەن ئېشىكىڭ مەن ئەمەسمۇ؟ ئىلگىرى مەن ساڭا مۇشۇنداق
قىلىش ئادىتىم بولۇپ باققانمۇ؟ — دېۋىدى،
— ياق، — دېدى بالائام.

## بالائامنىڭ ئەيىبلىنىشى

31 ئەنە شۇ چاغدا پەرۋەردىگار بالائامنىڭ كۆزلىرىنى ئاچتى، بالائام
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ قىلىچىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ،
يولدا تۇرغانلىقىنى كۆردى؛ ئۇ يەرگە بېشىنى قويۇپ سەجدە قىلدى.
32 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: —

---

23:22 2پېت. 16:2؛ يەھ. 11

28:22 2پېت. 16:2؛ يەھ. 11

سەن ئېشەكنى نېمە ئۈچۈن ئۈچ قېتىم دۇمبالايسەن؟ قارىغىنا،
ماڭغان يولۇڭ مېنىڭ نەزىرىمدە تەتۈر بولغاچقا،سېنى توسۇشقا
چىققۇچى مەن ئۆزۈم ئىدىم. 33 ئېشەك مېنى كۆرۈپ ئۈچ قېتىم مېنىڭ
ئالدىمدىن بۇرۇلۇپ كەتتى؛ ئەگەر ئېشەك مېنىڭ ئالدىمدىن بۇرۇلۇپ
كەتمىگەن بولسا، مەن ئاللىقاچان سېنى ئۆلتۈرۈپ ئېشەكنى تىرىك
قالدۇرغان بولاتتىم، ــ دېدى.
34 بالائام پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىگە: ــ
مەن گۇناھكارمەن، ئۆزلىرىنىڭ يولدا مېنى توسۇپ تۇرغانلىقلىرىنى
كۆرمەپتىمەن؛ مۇبادا ئەمدى مېنىڭ بېرىشىم نەزەرلىرىدە رەزىل
كۆرۈنسە، مەن قايتىپ كېتەي، ــ دېدى.
35 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بالائامغا يەنە: ــ بويىتۇ، بۇ كىشىلەر
بىلەن بىللە بارغىن، بىراق پەقەت مەن ساڭا دېگەن سۆزنىلا دېگىن، ــ
دېدى. شۇنىڭ بىلەن بالائام بالاقنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە ماڭدى.

## بالاقنىڭ بالائامنى قارشى ئېلىشى

36 بالاق بالائامنى كېلىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ، قارشى ئېلىش ئۈچۈن
موئابنىڭ ئارنون دەرياسىنىڭ بويىدىكى، چېگرىنىڭ ئەڭ بېشىدىكى
شەھىرىگە كەلدى. 37 ــ مەن سىلىنى چاقىرىشقا شۇنچە جىددىي
ئەلچى ئەۋەتكەنىدىم، نېمە ئۈچۈن كېلىشكە ئۇنىمىدىلا؟ مەن سىلىنى
شان-شۆھرەتكە ئىگە قىلالمايتتىممۇ؟ ــ دېدى بالاق بالائامغا.
38 ــ قارىسىلا، مانا كەلدىمغۇ، ئەمدى مەن ئۆز ئالدىمغا بىرنېمە
دېيەلەيتتىممۇ؟ ــ دېدى بالائام، ــ خۇدا ئاغزىمغا نېمە گەپنى سالسا،
مەن شۇنىلا دەيمەن.
39 بالائام بالاق بىلەن بىللە يولغا چىقىپ كىرىئات-خۇزوتقا كەلدى.

---

**32:22** 2پېت. 15:2

**36:22 «ئەڭ بېشىدىكى شەھىرىگە»** ــ پادىشاھنىڭ مېھمانىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، شۇنچە ئۇزۇن يولغا بېرىپ ئالدىغا چىقىشى ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى، ئەلۋەتتە.

[40] بالاق كالا، قويلارنى سويۇپ قۇربانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۆشىدىن بالائام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئەمىرلەرگە ئەۋەتىپ بەردى. [41] ئاندىن بالاق ئەتىسى سەھەردە بالائامنى بائالنىڭ ئېگىز جايلىرىغا ئېلىپ چىقتى؛ ئۇ شۇ يەردىن ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئەڭ چەتتىكى بىر قىسمىنى كۆردى.

## بالاق بىلەن بالائامنىڭ قۇربانلىق سۇنۇشى

23 [1] بالائام بالاققا: —

سىلى مۇشۇ يەرگە ماڭا يەتتە قۇربانگاھ ياسىتىپ بەرسىلە، مۇشۇ يەرگە يەنە يەتتە بۇقا بىلەن يەتتە قوشقارمۇ ھازىرلاپ بەرسىلە، — دېدى. [2] بالاق بالائامنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ بەردى؛ بالاق بىلەن بالائام ئىككىسى ھەربىر قۇربانگاھقا قۇربانلىق قىلىشقا بىردىن بۇقا بىلەن بىردىن قوشقار سۇندى. [3] بالائام بالاققا: —

سىلى ئۆز كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىنىڭ يېنىدا تۇرسىلا، مەن ئالدىغا بارىمەن، پەرۋەردىگار مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلەمدىكىن؟ ئۇ ماڭا نېمە دەپ كۆرسەتمە بەرسە، مەن ئۆزلىرىگە شۇنى دەپ بېرىمەن، — دېدى ۋە بىر دۆڭگە چىقتى.

[4] خۇدا بالائام بىلەن كۆرۈشتى؛ بالائام خۇداغا: —

مەن يەتتە قۇربانگاھ ھازىرلاتتىم، ھەربىر قۇربانگاھقا قۇربانلىق سۈپىتىدە بىردىن بۇقا بىلەن بىردىن قوشقار سۇندۇم، — دېدى. [5] پەرۋەردىگار بالائامنىڭ ئاغزىغا بىر سۆزنى سېلىپ: — بالاقنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا مۇنداق، مۇنداق دېگىن، — دېدى. [6] شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالاقنىڭ يېنىغا قايتىپ باردى. مانا، ئۇ ۋە موئابنىڭ بارلىق ئەمىرلىرى ئۇنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

---

41:22 **«بائالنىڭ ئېگىز جايلىرىغا ئېلىپ چىقتى»** — «بائال» بۇتنىڭ ئىسمى. شۇ چاغلاردا بۇتپەرەسلەر دائىم ئۆز بۇتلىرىغا قۇربانلىق قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا يېقىن ئەتراپتىكى مەلۇم بىرنەچچە ئېگىز جايلارغا چىقاتتى. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «باموت-بائالغا ئېلىپ چىقتى».

## بالائامنىڭ بىرىنچى قېتىم بېشارەت بېرىشى

7 بالائام كالام سۆزىنى ئاغزىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: —
بالاق مېنى ئارام دېگەن يۇرتتىن،
موئاب شاھى بالاق مېنى مەشرىق تاغلىرىدىن ئېلىپ كېلىپ،
مۇنداق دېدى: —
كەل، مېنىڭ ئۈچۈن ياقۇپنى قارغىغىن.
كەل، ئىسرائىلنى راسا بىر سۆكۈپ ئەيىبلىگىن.
8 تەڭرى ئۆزى قارغىمىغان بىراۋنى مەن قانداق قارغاي؟
پەرۋەردىگار ئۆزى سۆكۈپ ئەيىبلىمىگەن بىراۋنى مەن قانداق سۆكۈپ ئەيىبلەي؟
9 مەن قورام تاشلارنىڭ چوققىلىرىدا تۇرۇپ ئۇنى كۆرمەكتىمەن،
دۆڭلەردە تۇرۇپ ئۇنىڭغا نەزەر سالماقتىمەن؛
مانا، ئۇلار يەككە ياشايدىغان بىر قوۋم،
ئۇلار باشقا قوۋملارنىڭ قاتارىدا سانالمايدۇ.
10 ياقۇپنىڭ توپىلىرىنى كىم ھېسابلاپ چىقالايدۇ؟
ھەتتا ئىسرائىلنىڭ تۆتتىن بىرىنىمۇ كىم ساناپ چىقالايدۇ؟
مېنىڭ جېنىم ھەققانىيلارنىڭ ئۆلۈمىدەك ئۆلسۇن،
مېنىڭ ئاخىرىم ئۇنىڭكىدەك بولغاي!
11 بالاق بالائامغا قاراپ: —
سەن ماڭا نېمە قىلىۋاتىسەن؟! مەن سېنى دۈشمەنلىرىمنى قارغاپ بېرىشكە چاقىرتقان تۇرسام، مانا سەن ئەكسىچە پۈتۈنلەي ئۇلارغا ئامەت تىلىدىڭ! — دېدى.
12 — پەرۋەردىگارنىڭ ئاغزىمغا سالغىنىنى يەتكۈزۈشكە كۆڭۈل

---

7:23 **«كالام سۆزى»** — خۇدا ئۆگەتكەن سۆز (5-ئايەتنى كۆرۈڭ). گەرچە بالائام ئەسكى ئادەم، ھەتتا «ساختا پەيغەمبەر» ۋە پالچى بولغىنى بىلەن، خۇدا مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئىسرائىلغا بولغان مېھىر-شەپقىتىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

**9:23** قان. 28:33

10:23 **«ياقۇپنىڭ توپىلىرىنى كىم ھېسابلاپ چىقالايدۇ؟»** — مەنىسى بەلكىم «تولىمۇ توپىدەك بولغان ياقۇپنى كىم ھېسابلاپ چىقالايدۇ؟» — دېگەندەك بولۇشى كېرەك.

قويمىسام بولامتى؟ − دەپ جاۋاپ بەردى بالائام.
13 بالاق بالائامغا: − مېنىڭ بىلەن بىللە باشقا بىر يەرگە بارسىلا،
ئۇلارنى شۇ يەردىن كۆرەلەيلا؛ بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس،
ئۇلارنىڭ چېگرىدىكى بىر قىسمىنىلا كۆرەلەيلا؛ سىلى شۇ يەردە تۇرۇپ
ئۇلارنى مەن ئۈچۈن قارغاپ بەرسىلە، − دېدى.
14 شۇنىڭ بىلەن بالاق بالائامنى «زوفىمنىڭ دالاسى»غا، پىسگاھ
تېغىنىڭ چوققىسىغا باشلاپ بېرىپ، شۇ يەردە يەتتە قۇربانگاھ
سالدۇرۇپ، ھەربىر قۇربانگاھقا قۇربانلىق سۈپىتىدە بىردىن بۇقا،
بىردىن قوشقار سۇندى. 15 بالائام بالاققا: −
سىلى مۇشۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىنىڭ يېنىدا
تۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ئاۋۇ ياققا بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي، − دېدى.
16 پەرۋەردىگار بالائام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر سۆزنى سېلىپ: −
سەن بالاقنىڭ يېنىغا قايتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن، − دېدى.
17 بالائام بالاقنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە، مانا، ئۇ ۋە موئابنىڭ بارلىق
ئەمىرلىرى ئۇنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.
− پەرۋەردىگار نېمە دېدى؟ − دەپ سورىدى بالاق.

## بالائامنىڭ ئىككىنچى قېتىم بېشارەت بېرىشى

18 بالائام كالام سۆزىنى ئاغزىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: −
«ھەي بالاق، سەن قوپۇپ ئاڭلىغىن،
ئاھ ، زىپپورنىڭ ئوغلى، ماڭا قۇلاق سالغىن.
19 تەڭرى ئىنسان ئەمەستۇر، ئۇ يالغان ئېيتمايدۇ،
ياكى ئادەم بالىسىمۇ ئەمەستۇر، ئۇ پۇشايمان قىلمايدۇ.
ئۇ دېگەنىكەن، ئىشقا ئاشۇرماي قالامدۇ؟

14:23 **«زوفىمنىڭ دالاسى»** ــ ياكى «كۆزەتچىلەرنىڭ دالاسى».
15:23 **«كۆرۈشۈپ كېلەي»** ــ پەرۋەردىگار بىلەن كۆرۈشۈش، ئەلۋەتتە. بالائام بالاقنى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن، بەلكىم پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئالمايدۇ.
**16:23** چۆل. 35:22

ئۇ سۆز قىلغانىكەن، ۋۇجۇدقا چىقارماي قالامدۇ؟
[20] مانا، ماڭا «بەرىكەتلە» دەپ تاپشۇرۇلدى،
ئۇ بەرىكەتلىگەنىكەن، بۇنى مەن ياندۇرالمايمەن.
[21] ئۇ ياقۇپتا ھېچ گۇناھ كۆرمىگەن،
ئىسرائىلدا ناھەقلىقنى ئۇچراتمىغان.
خۇداسى پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بىلەن بىللە،
پادىشاھنىڭ تەنتەنە ئاۋازى ئۇنىڭ ئارىسىدىدۇر.
[22] تەڭرى ئۇنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان؛
ئۇنىڭدا ياۋا كالىنىڭكىدەك كۈچ باردۇر.
[23] چۈنكى ياقۇپلارغا ئەپسۇن كارغا كەلمەيدۇ،
ئىسرائىللارغىمۇ پال كارغا كەلمەيدۇ.
ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە،
ياقۇپ بىلەن ئىسرائىل توغرىسىدا: ــ
«تەڭرى نەقەدەر كارامەت ئىش قىلىپ بەرگەن-ھە!»
دەپ جاكارلانماي قالمايدۇ!
[24] مانا، بۇ قوۋم چىشى شىردەك قوپىدۇ،
ئەركەك شىردەك قەددىنى رۇسلايدۇ؛
ئۆزى ئوۋلىغان ئوۋنى يېمىگۈچە،
ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قېنىنى ئىچمىگۈچە،
ھەرگىز ياتمايدۇ!».
[25] بالاق بالائامغا: ــ بولدى، سىلى ئۇلارنى ئازراقمۇ قارغىمىسىلا،
ئۇلارغا ئامەتمۇ تىلىمىسىلە! ــ دېدى.

---

**19:23** 1سام. 29:15؛ ياق. 17:1

**21:23** **«ناھەقلىق»** ــ ياكى «بالايىئاپەت» ياكى «بالايىئاپەتنىڭ سەۋەبى». **«پادىشاھنىڭ تەنتەنە ئاۋازى»** ــ ياكى «پادىشاھنىڭ (قارشى ئېلىنىش) تەنتەنىسى».

**21:23** زەب. 1:32، 2؛ 9:51-10؛ يەر. 20:50؛ رىم. 7:4

**22:23** **«ئۇنىڭدا ياۋا كالىنىڭكىدەك كۈچ باردۇر»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئۇنىڭ ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزلىرى باردۇر».

**22:23** چۆل. 8:24

[26] بالائام بالاققا جاۋاب قىلىپ: – مەن سىلىگە: – «پەرۋەردىگارنىڭ
ماڭا ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلمىسام بولمايدۇ» دېگەن
ئەمەسمىدىم؟ – دېدى.

## بالائامنىڭ ئۈچىنچى قېتىم بېشارەت بېرىشى

[27] بالاق بالائامغا: – كەلسىلە، مەن سىلىنى باشقا بىر يەرگە ئاپىراي،
خۇدانىڭ نەزىرىدە سىلى شۇ يەردە تۇرۇپ ئۇلارنى قارغاشلىرى مۇۋاپىق
تېپىلارمىكىن؟ – دېدى. [28] شۇنىڭ بىلەن بالاق بالائامنى باشلاپ، چۆل-
باياۋانغا قارايدىغان پېئور تېغىنىڭ چوققىسىغا كەلدى.
[29] بالائام بالاققا: – سىلى بۇ يەردە ماڭا يەتتە قۇربانگاھ سالدۇرۇپ
بەرسىلە، يەتتە بۇقا بىلەن يەتتە قوشقارمۇ تەييارلاپ بەرسىلە، –
دېدى. [30] بالاق بالائامنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، ھەربىر قۇربانگاھقا
بىردىن بۇقا بىلەن بىردىن قوچقار سۇندى.

24 [1] بالائام پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا بەخت-بەرىكەت ئاتا
قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئالدىنقى
ئىككى قېتىمقىدىكىدەك سېھىر ئىشلىتىشكە بارمىدى، بەلكى
يۈزىنى چۆل-باياۋان تەرەپكە قاراتتى. [2] بالائام بېشىنى كۆتۈرۈپ
ئىسرائىللارنىڭ قەبىلە بويىچە چېدىرلاردا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى
كۆردى، خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. [3] شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئاغزىغا كالام سۆزىنى ئېلىپ مۇنداق دېدى: –
«بېئورنىڭ ئوغلى بالائام يەتكۈزىدىغان كالام سۆزى،
كۆزى ئېچىلمىغان ئادەمنىڭ ئېيتىدىغان كالام سۆزى،
[4] يەنى تەڭرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچى،
ھەممىگە قادىرنىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشىنى كۆرگۈچى،
مانا ئەمدى كۆزى ئېچىلىپ دۈم يىقىلغان كىشى يەتكۈزگەن كالام
سۆزى: –

---

4:24 «كۆزى ئېچىلىپ دۈم يىقىلغان كىشى يەتكۈزگەن كالام سۆزى» — باشقا بىرخىل

5 ئاھ ياقۇپ، چېدىرلىرىڭ نەقەدەر گۈزەل،
تۇرالغۇلىرىڭ نەقەدەر گۈزەل، ئاھ ئىسرائىل!
6 گويا كېڭەيگەن دەريا ۋادىلىرىدەك،
خۇددى دەريا بويىدىكى باغلاردەك،
گويا پەرۋەردىگار تىكىپ ئۆستۈرگەن ئۇد دەرەخلىرىدەك،
دەريا بويىدىكى كېدىر دەرەخلىرىدەك؛
7 سۇلار ئۇنىڭ سوغىلىرىدىن ئېقىپ چىقىدۇ،
ئەۋلادلىرى سۈيى مول جايلاردا بولىدۇ؛
پادىشاھى ئاگاگدىن ئېشىپ كېتىدۇ،
ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئۈستۈن قىلىنىپ گۈللىنىدۇ.
8 تەڭرى ئۇنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان،
ئۇنىڭدا ياۋا بۇقىنىڭ كۈچى باردۇر؛
دۈشمەن ئەللەرنى ئۇ يەپ كېتىدۇ،
ئۇستىخانلىرىنى ئېزىپ تاشلايدۇ،
ئوقيا ئېتىپ ئۇلارنى تېشىپ تاشلايدۇ.
9 ئۇ باغىرلاپ ياتسا، ئەركەك شىردەك،
ياتسا ھەم چىشى شىردەك،
كىم ئۇنى قوزغىتىشقا پېتىنار؟
كىم ساڭا بەخت-بەرىكەت تىلىسە، بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ.
كىم سېنى قارغىسا، قارغىشقا كېتىدۇ».

---

تەرجىمىسى: «... كۆزلىرى ئېچىلغان ئادەم ئېيتىدىغان كالام سۆزى»، يەنى «تەڭرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچى، ھەممىگە قادىرنىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشىنى كۆرگۈچى، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ دۈم يىقىلغان كىشى يەتكۈزگەن كالام سۆزى». مۇمكىنچىلىكى باركى، بالائام 22-بابتىكى ۋەقەنى ئەسلەيدۇ؛ شۇ چاغدا «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نى ئۇنىڭ ئېشىكى كۆرگەن، ئەمما ئۇ كۆرمىگەن، ئاندىن خۇدا «ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچتى».

**7:24 «گوگ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئاگاگ».

**7:24** ئەز. 16-1:38، 17، 39-باب

**8:24** چۆل. 22:23؛ ھوش. 1:11

**9:24** يار. 9:49؛ چۆل. 24:23

[10] بالاق بالائامغا ئاچچىقلىنىپ، قولىنى قولىغا ئۇرۇپ كەتتى؛ بالاق بالائامغا: — مەن سىلىنى دۈشمەنلىرىمنى قارغاپ بېرىشكە قىچقىرتقانىدىم ۋە مانا، سىلى ئۈچ قېتىم پۈتۈنلەي ئۇلارغا ئامەت تىلىدىلە! [11] ئەمدى تېزدىن يۇرتلىرىغا قېچىپ كەتسىلە؛ مەن ئەسلىدە سىلىنىڭ ئىززەت-ھۆرمەتلىرىنى كاتتا قىلاي دېگەنىدىم، مانا پەرۋەردىگار سىلىنى بۇ كاتتا ئىززەت-ھۆرمەتكە نائىل بولۇشتىن توسۇپ قويدى، — دېدى.

[12] بالائام بالاققا: — مەن ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىرىگە: [13] «بالاق ماڭا ئۆزىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشكە لىق تولغان ئۆز ئۆيىنى بەرسىمۇ، پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقىنىدىن ھالقىپ، ئۆز مەيلىمچە ياخشى-يامان ئىش قىلالمايمەن؛ پەرۋەردىگار ماڭا نېمە دېسە، مەن شۇنى دەيمەن» دېگەن ئەمەسمىدىم؟ [14] ئەمدى مەن ئۆز خەلقىمگە قايتىمەن؛ كەلسىلە، مەن ئۆزلىرىگە بۇ خەلقنىڭ كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا سىلىنىڭ خەلقلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

## بالائامنىڭ تۆتىنچى قېتىم بېشارەت بېرىشى

[15] ئۇ كالام سۆزىنى ئاغزىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: —
بېئورنىڭ ئوغلى بالائام يەتكۈزىدىغان كالام سۆزى،
كۆزلىرى ئېچىلمىغان كىشى ئېيتقان كالام سۆزى،
[16] تەڭرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچى،
ھەممىدىن ئالىينىڭ ۋەھيلىرىنى بىلگۈچى،
ھەممىگە قادىرنىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشىنى كۆرگۈچى،
مانا ئەمدى كۆزى ئېچىلغان دۈم يىقىلغان كىشى يەتكۈزىدىغان كالام سۆزى: —

---

**13:24** چۆل. 18:22

**16:24** **«كۆزى ئېچىلغان دۈم يىقىلغان كىشى يەتكۈزىدىغان كالام سۆزى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... كۆزلىرى ئېچىلغان ئادەم ئېيتىدىغان كالام سۆزى» — دېمەك

17 مەن ئۇنى كۆرىمەن، لېكىن ھازىر ئەمەس؛
مەن ئۇنىڭغا قارايمەن، لېكىن يېقىن يەردىن ئەمەس؛
ياقۇپتىن چىقار بىر يۇلتۇز،
كۆتۈرۈلەر ئىسرائىلدىن بىر شاھانە ھاسا؛
چېقىۋېتەر ئۇ موئابنىڭ چېكىسىنى،
بارلىق شېتلەرنىڭ بېشىنى يانجىيدۇ.
18 ئېدوم ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ،
يەنە تېخى دۈشمىنى سېئىرلار ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ؛
ئىسرائىل بولسا باتۇرلۇق قىلىدۇ.
19 ياقۇپتىن چىققان بىرى سەلتەنەت سۈرىدۇ،
شەھەردە قالغان ھەممەيلەننى يوقىتىدۇ».

«تەڭرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچى، ھەممىگە قادىرنىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشىنى كۆرگۈچى، كۆزى ئوچۇق دۇم يىقىلغان كىشى يەتكۈزگەن كالام سۆزى».

17:24 **«يېقىن يەردىن ئەمەس»** ــ ياكى «پات ئارىدا ئەمەس». **«شېتلەر»** ــ مەلۇم قەبىلىنى ياكى تېخىمۇ مۇمكىنچىلىكى باركى، ئادەمئاتىنىڭ ئوغلى شېتنىڭ ئەۋلادلىرىنى، يەنى (نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان) بارلىق ئىنسانلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ بېشارەت مەسىھنىڭ بارلىق ئىنسانلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «شېتلەر» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «غوۋغا-توپىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەر». **«بېشارەتنى شەرھلەش»** ــ بۇ بېشارەت (16-19) ئاۋۋال داۋۇت پادىشاھنى، ئاندىن داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بېشارەتتە داۋۇت پادىشاھنىڭ موئاب، ئېدوم ۋە سېئىرنى (سېئىر ئېدوم تۇرغان يۇرتنىڭ باشقا بىر ئىسمى) ئىشغال قىلىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ، دەرۋەقە داۋۇت ئۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلىدۇ («2سام.» 2:8، «زەب.» 60:1-2). ئاخىرقى زاماندا مەسىھ ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئىسرائىللارنىڭ دۈشمەنلىرىگە شۇ ئوخشاش ئىشلارنى قىلىدۇ.

**17:24** يەر. 45:48

19:24 **«شەھەر»** ــ بەلكىم موئابنىڭ پايتەختىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. «شەھەردە قالغان ھەممەيلەن» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شەھەرنىڭ قالدۇقى» (دېمەك، شەھەرنىڭ قالغان يەرلىرى).

**19:24** 2سام. 14:8

## بالائامنىڭ ئاخىرقى بىشارىتى

20 ئاندىن بالائام ئامالەكنى كۆرۈپ، مۇنداق كالام سۆزىنى ئېيتتى: —
«ئامالەك ئىدى ئەسلى ئەللەر ئارىسىدا باش،
ئەمدى ھالاكەتتۇر تەقدىر-قىسمىتى».

21 ئاندىن بالائام كېنىيلەرنى كۆرۈپ مۇنداق كالام سۆزىنى ئېيتتى: —
«سېنىڭ ماكانىڭ مۇستەھكەم بولۇپ،
چاڭگاڭ قورام تاش ئىچىدە بولسىمۇ،
22 لېكىن سىلەر كېنىيلەر ھالاك قىلىنىپ تۇرىسىلەر؛
تاكى ئاشۇر سىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ كەتكۈچە».

23 بالائام يەنە كالام سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: —
«ئاھ ، تەڭرى بۇ ئىشلارنى قىلغان چېغىدا،
كىم تىرىك قېلىشقا قادىر بولار؟
24 كىتتىم تەرەپلىرىدىن كېمىلەر كېلىپ،
زۇلۇم-زەخمەت سالىدۇ ئاشۇرغا،
زۇلۇم-زەخمەت سالىدۇ ئېبەرگە؛
لېكىن كىتتىمدىن كەلگۈچى ئۆزىمۇ ھالاكەتكە يۈزلىنەر».

---

20:24 **«ئامالەك ئىدى ئەسلى ئەللەر ئارىسىدا باش»** — بەلكىم ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ. ئامالەك دېگەن ئەل ئىسرائىلغا بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم قىلغانىدى، بەلكىم ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئەللەرنىڭ بېشى» دەپ چاغلىغان بولۇشى مۇمكىن — لېكىن ئۇلار ھالاك بولىدۇ. بۇ ئىش ئاۋۋال سائۇل پادىشاھ («1سام.» 14-15-باب) ئاندىن داۋۇت پادىشاھ ئارقىلىق («1سام.» 8:27، «2سام.» 8:12)، ئاخىرىدا شىمېئونلار ئارقىلىق بولغان («2تار.» 43:4).

22:24 **«ئاشۇر»** — ئاسۇرىيەنى كۆرسىتىدۇ. بېشارەت بەلكىم ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئاسۇرىيە ئىمپېراتورى تىگلات-پىلەسەر III مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 742-يىلى، شالمانئېزەر V مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 722-يىلى كېنىيلەرنى ئىسرائىللار بىلەن بىرگە تۇتقۇن قىلىپ، ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار بېشارەتنى باشقا بىر «ئاشۇر» دەپ ئاتالغان خەلقنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ («يار.» 3:25، «2سام.» 9:2).

24:24 **«ئېبەر»** — ئىبرانىيلارنىڭ ئەجدادىنى، شۇنداقلا مۇشۇ يەردە يەھۇدىي خەلقنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. **«كىتتىم»** — تەۋراتنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرلىرىدە «كىتتىم» كىرېتلەرنى كۆرسىتەتتى.

25 شۇنىڭ بىلەن بالائام ئورنىدىن قوپۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتتى؛ بالاقمۇ ئۆز يولىغا ماڭدى.

## ئىسرائىللارنىڭ پېئوردا ئېزىقتۇرۇلۇپ بۇزۇقلۇق قىلىشى

25 1 ئىسرائىللار شىتتىمدا تۇرغان مەزگىلدە، خەلق موئاب
قىزلىرى بىلەن بۇزۇقلۇق قىلىشقا بېرىلىپ كەتتى. 2 ئۇ
قىزلار ئىسرائىللارنى ئۆز ئىلاھلىرىغا ئاتالغان قۇربانلىقلارغا
قاتنىشىشقا چاقىردى؛ ئىسرائىللارمۇ قۇربانلىقلاردىن يەيدىغان،
ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا بىرلىكتە چوقۇنىدىغان بولدى. 3 ئىسرائىللار
بائال-پېئور بىلەن ئەنە شۇ تەرىقىدە باغلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا ئاچچىقى قوزغالدى. 4 پەرۋەردىگار
مۇساغا: ــ
پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپى ئىسرائىللارغا چۈشمىسۇن ئۈچۈن،
خەلقنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى مېنىڭ ئالدىمدا
ئاپتاپتا ئېسىپ قويغىن، ــ دېدى.

---

بېشارەت ئاۋۋال مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 13-ئەسىردە فىلىستىيلەرنىڭ ئوتتۇرا شەرققە تاجاۋۇز قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «كىتتىم» دېگەن بۇ ئىسىم ئوتتۇرا دېڭىز تەرەپتىن ياكى مەغرىب تەرەپتىن كېلىپ تاجاۋۇز قىلىدىغان ھەرقايسى ئەللەرنى كۆرسەتكەن. شۇڭا بۇ بېشارەت يەنە رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە تاجاۋۇز قىلىشىنى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 190-يىلى باشلانغان) كۆرسىتىشى مۇمكىن («دان.» 11:30نى ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ). ئاخىر بېرىپ رىم ئىمپېرىيەسى ھالاك بولدى؛ ئۇ ئاخىر زاماندا يەنە بىر قېتىم دەججالنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇپ، يەنە بىر شەكىلدە پەيدا بولۇشى مۇمكىن؛ ئاخىردا مەسىھ دەججالنىڭ ئىمپېرىيەسىنى مۇتلەق ھالاك قىلىدۇ.

**1:25** چۆل. 16:31؛ 49:33

**2:25** زەب. 28:106؛ ھوش. 10:9

**3:25** «**بائال**» ــ بۇتنىڭ ئىسمى؛ «بائال-پېئور» دېگەن سۆز پېئور دېگەن جاينى «ئالاھىدە باشقۇرغان بائال»نى كۆرسىتىدۇ.

**3:25** زەب. 29:106

**4:25** قان. 3:4؛ يە. 17:22

[5] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئىسرائىلنىڭ سوراقچىلىرىغا: – سىلەر بېرىپ
ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ بائال-پېئور بىلەن باغلىنىپ كەتكەن
ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، – دېدى.
[6] ۋە مۇسا پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى بىلەن جامائەت چېدىرىنىڭ
دەرۋازىسى ئالدىدا يىغا-زار قىلىپ تۇرۇۋاتقاندا، مانا ئىسرائىللاردىن
بىرەيلەن كېلىپ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا مىديانىي بىر قىزنى ئۆز
قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ ماڭدى. [7] كاھىن ھارۇننىڭ
نەۋرىسى، ئەلئازارنىڭ ئوغلى فىنىھاس بۇنى كۆرۈپ، جامائەت
ئىچىدىن قوپتى-دە، قولىغا نەيزە ئېلىپ، [8] ھېلىقى ئىسرائىل
ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن چېدىرنىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ، قىز بىلەن
ئىككىسىنىڭ قارنىغا نەيزە تىقىۋەتتى. ئىسرائىللار ئارىسىدا
تارقالغان ۋابا ئەنە شۇ چاغدىلا توختىدى. [9] شۇ چاغدا ۋابا تېگىپ
ئۆلگەنلەر جەمئىي يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەمگە يەتكەنىدى.
[10] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: –
[11] – «كاھىن ھارۇننىڭ نەۋرىسى، ئەلئازارنىڭ ئوغلى فىنىھاس
مېنى دەپ ۋاپاسىزلىققا بولغان ھەسىتىمنى ئۆز ھەسىتى بىلىپ،
مېنىڭ ئىسرائىللارغا بولغان غەزىپىمنى ياندۇردى. شۇڭا گەرچە
مەن ۋاپاسىزلىققا بولغان ھەسىتىمدىن غەزەپلەنگەن بولساممۇ،
ئىسرائىللارنى يوقىتىۋەتمىدىم. [12] شۇڭا سەن: – «مانا، مەن ئۇنىڭغا
ئۆز ئامان-خاتىرجەملىك ئەھدەمنى تەقدىم قىلىمەن! [13] بۇ ئەھدە
ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەۋە بولىدىغان مەڭگۈلۈك كاھىنلىق
ئەھدىسى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆز خۇداسىنى دەپ ۋاپاسىزلىققا
ھەسەت قىلىپ، ئىسرائىللار ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈردى» – دەپ
جاكارلىغىن».

---

**7:25** زەب. 30:106

**9:25** 1كور. 8:10

**11:25** 2كور. 2:11

**12:25** زەب.31:106

14 ئۆلتۈرۈلگەن يەنى ھېلىقى مىديانىي قىز بىلەن بىللە
ئۆلتۈرۈلگەن ئىسرائىل ئادەمنىڭ ئىسمى زىمرى بولۇپ، سالۇنىڭ
ئوغلى، شىمېئون قەبىلىسىدىكى بىر جەمەتنىڭ ئەمىرى ئىدى.
15 ئۆلتۈرۈلگەن مىديانىي قىزنىڭ ئىسمى كوزبى بولۇپ، زۇرنىڭ
قىزى ئىدى؛ زۇر بولسا مىديانىي بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى ئىدى.
16 پەرۋەردىگار مۇساغا: —
17 سەن مىديانىيلارغا ئارام بەرمەي زەربە بەرگىن؛ 18-19 چۈنكى ئۇلار
ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ سىلەرگە ئارام بەرمىگەن؛ پېئوردىكى
ئىشتا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سىڭلىسى بولغان مىديانىنىڭ بىر
ئەمىرىنىڭ قىزى كوزبىنىڭ ئىشىدىمۇ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ
سىلەرنى ئازدۇرغان، — دېدى. كوزبى ۋابا تارقالغان كۈندە پېئوردىكى
ئىش سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## ئىسرائىللارنىڭ ئىككىنچى قېتىم ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى

26 1 ۋابادىن كېيىن پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ ئوغلى
ئەلئازارغا سۆز قىلىپ: —
2 سىلەر پۈتكۈل ئىسرائىللارنىڭ جامائىتى ئىچىدە يىگىرمە ياشتىن
ئاشقان، جەڭگە چىقالايدىغانلارنى ئاتا جەمەتى بويىچە ھېسابلاپ
ساناقتىن ئۆتكۈزۈڭلار، — دېدى.
3 شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن كاھىن ئەلئازار موئاب تۈزلەڭلىكلىرىدە،
يەنى يېرىخونىڭ يېنىدىكى ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىدا ئىسرائىللار
بىلەن سۆزلىشىپ ئۇلارغا: 4 «پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا ۋە مىسىردىن

---

**17:25** چۆل. 2:31

**19-18:25** ۋەھ. 6:18

**1:26 ۋابادىن كېيىن** — بۇ ۋابا بىلەن ئەينى چاغدا پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلغان چوڭلارنىڭ قالدۇقلىرى ئۆلتۈرۈلدى (64-65-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).

**2:26** چۆل. 3:1

**چىققان ئىسرائىللارغا بۇيرۇغىنى بويىچە، سىلەردىن يىگىرمە ياشتىن**
**ئاشقانلارنىڭ ھەممىسى** تىزىملىنىپ **ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى**
**كېرەك» دەپ ئۇقتۇردى.** تىزىملىتىلغان سانلار مۇنداق بولدى: **–**
**[5] ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەن ئىدى. رۇبەننىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى**
**ھانۇقنىڭ نەسلىدىن بولغان ھانۇق جەمەتى؛ پاللۇنىڭ نەسلىدىن**
**بولغان پاللۇ جەمەتى؛ [6] ھەزرون نەسلىدىن بولغان ھەزرون جەمەتى؛**
**كارمى نەسلىدىن بولغان كارمى جەمەتى. [7] بۇلار رۇبەننىڭ جەمەتلىرى**
**بولۇپ، ئۇلاردىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگىنى جەمئىي قىرىق ئۈچ مىڭ**
**يەتتە يۈز ئوتتۇز كىشى بولدى.**
**[8] پاللۇنىڭ ئوغلى ئېلىئاب؛ [9] ئېلىئابنىڭ ئوغۇللىرى نىمۇئەل، داتان،**
**ئابىرام ئىدى. داتان بىلەن ئابىرام ئەسلىدە جامائەت ئىچىدىن**
**چاقىرىلغان مۆتىۋەرلەر بولسىمۇ، كوراھ گۇرۇھىدىكىلەر پەرۋەردىگار**
**بىلەن تاكاللاشقاندا، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ مۇسا ۋە ھارۇن بىلەن تاك**
**اللاشقانىدى. [10] يەر ئاغزىنى ئېچىپ ئۇلارنى كوراھ بىلەن بىرگە يۇتۇپ**
**كەتكەن؛ شۇ چاغدا كوراھ گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن؛**
**باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن دەپ، ئوت ئۇنىڭ ئىككى يۈز ئەللىك**

---

**4:26 ھەممىسى تىزىملىنىپ ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك** – بۇ ساناقتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ مەقسەتلىرى شۈبھىسىزكى:
–(1) قانائان زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلار كۆپ قېتىم جەڭگە چىقىشى كېرەك بولاتتى. شۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئىسرائىللارنىڭ ھەربىر جەڭچىسى سەپ-سەپلەردە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك؛
–(2) ئۇلار قانائان زېمىنىغا كىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ؛ پات ئارىدا شۇ زېمىن ھەربىر قەبىلىگە، جەمەتكە، ئائىلىگە سانلىرىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ (29-16:34). شۇڭا خەلقنىڭ سانلىرى قەبىلە-جەمەت بويىچە تەپسىلىي ئېنىقلىنىشى كېرەك ئىدى؛
–(3) خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن ئەسلىدە ئۆزىگە قارشى چىققان «چوڭلار»نىڭ ھەممىسىنىڭ يوقالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولدى (64-65-ئايەتنى كۆرۈڭ).
**4:26** چۆل. 1:1، 2، 3
**5:26** يار. 9:46؛ مىس. 14:6؛ 1تار. 1:5
**9:26 «چاقىرىلغان مۆتىۋەرلەر بولسىمۇ»** – باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چاقىرىلغان بولسىمۇ،...»
**9:26** چۆل. 12:16

ئادەمنى يۇتۇپ كەتكەن. 11 لېكىن كوراھنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆلۈپ
كەتمىگەن.
12 شىمېئوننىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەت بويىچە، نەمۇئەلنىڭ نەسلىدىن
بولغان نەمۇئەل جەمەتى؛ يامىن نەسلىدىن بولغان يامىن جەمەتى؛
ياقىن نەسلىدىن بولغان ياقىن جەمەتى؛ 13 زەراھ نەسلىدىن بولغان
زەراھ جەمەتى؛ سائۇل نەسلىدىن بولغان سائۇل جەمەتى. 14 بۇلار
شىمېئوننىڭ جەمەتلىرى بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە ئىككى مىڭ
ئىككى يۈز ئادەم چىقتى.
15 گاد قەبىلىسىدىن، جەمەت بويىچە، زەفون نەسلىدىن بولغان زەفون
جەمەتى؛ ھاگگى نەسلىدىن بولغان ھاگگى جەمەتى؛ شۇنى نەسلىدىن
بولغان شۇنى جەمەتى؛ 16 ئوزنى نەسلىدىن بولغان ئوزنى جەمەتى؛
ئېرى نەسلىدىن بولغان ئېرى جەمەتى؛ 17 ئارود نەسلىدىن بولغان
ئارود جەمەتى؛ ئارئەلى نەسلىدىن بولغان ئارئەلى جەمەتى. 18 بۇلار گاد
ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەتلىرى بولۇپ، ئۇلار جەمەتلىرى بويىچە ساناقتىن
ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي قىرىق مىڭ بەش يۈز ئادەم چىقتى.
19 يەھۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئېر بىلەن ئونان ئىدى؛ بۇ ئىككىسى قانائان
زېمىنىدا ئۆلۈپ كەتكەن. 20 يەھۇدانىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەتى بويىچە،
شېلاھنىڭ نەسلىدىن بولغان شېلاھ جەمەتى؛ پەرەزنىڭ نەسلىدىن
بولغان پەرەز جەمەتى؛ زەراھنىڭ نەسلىدىن بولغان زەراھ جەمەتى.
21 پەرەزنىڭ ئەۋلادلىرى ھەزروننىڭ نەسلىدىن بولغان ھەزرون جەمەتى؛
ھامۇلنىڭ نەسلىدىن بولغان ھامۇل جەمەتى. 22 بۇلار يەھۇدانىڭ
جەمەتلىرى بولۇپ، ئۇلار جەمەت بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە
جەمئىي يەتمىش ئالتە مىڭ بەش يۈز ئادەم چىقتى.
23 ئىسساكارنىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەت بويىچە، تولانىڭ نەسلىدىن بولغان
تولا جەمەتى؛ پۇئاھنىڭ نەسلىدىن بولغان پۇئاھ جەمەتى؛ 24 ياشۇبنىڭ

---

**12:26 «نەمۇئەل»** ــ «يار.» 46:10دە «يەمۇئەل».

**19:26** يار. 38:7، 10؛ 46:12

**21:26** يار. 46:12

نەسلىدىن بولغان ياشۇب جەمەتى؛ شىمرونىنىڭ نەسلىدىن بولغان
شىمرون جەمەتى. 25 بۇلار ئىسساكارنىڭ جەمەتلىرى بولۇپ، ئۇلار
جەمەت بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي ئاتمىش تۆت مىڭ
ئۈچ يۈز ئادەم چىقتى.
26 زەبۇلۇننىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەتى بويىچە، سەرەدنىڭ نەسلىدىن
بولغان سەرەد جەمەتى؛ ئېلون نەسلىدىن بولغان ئېلون جەمەتى؛
جاھلىيەلنىڭ نەسلىدىن بولغان جاھلىيەل جەمەتى. 27 بۇلار
زەبۇلۇننىڭ جەمەتلىرى بولۇپ، ئۇلار جەمەت بويىچە ساناقتىن
ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي ئاتمىش مىڭ بەش يۈز ئادەم چىقتى.
28 يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرى: — جەمەت بويىچە، ماناسسەھ بىلەن
ئەفرائىم ئىدى. 29 ماناسسەھنىڭ ئەۋلادلىرى: — ماكىرنىڭ نەسلىدىن
بولغان ماكىر جەمەتى (ماكىردىن گىلېئاد تۆرەلگەن)، گىلېئادنىڭ
نەسلىدىن بولغان گىلېئاد جەمەتى ئىدى. 30 تۆۋەندىكىلەر گىلېئادنىڭ
ئەۋلادلىرى: — يەئەزەرنىڭ نەسلىدىن بولغان يەئەزەر جەمەتى؛
ھەلەكنىڭ نەسلىدىن بولغان ھەلەك جەمەتى؛ 31 ئاسرىيەلنىڭ
نەسلىدىن بولغان ئاسرىيەل جەمەتى؛ شەكەمنىڭ نەسلىدىن بولغان
شەكەم جەمەتى؛ 32 شەمىدانىڭ نەسلىدىن بولغان شەمىدا جەمەتى؛
ھەفەرنىڭ نەسلىدىن بولغان ھەفەر جەمەتى. 33 ھەفەرنىڭ ئوغلى
زەلوفىھاد ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەي قىز پەرزەنت كۆرگەن؛ زەلوفىھادنىڭ
قىزلىرىنىڭ ئىسمى ماھلاھ، نوئاھ، ھوگلاھ، مىلكاھ، تىرزاھ ئىدى.
34 بۇلار ماناسسەھنىڭ جەمەتلىرى بولۇپ، ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە
جەمئىي ئەللىك ئىككى مىڭ يەتتە يۈز ئادەم چىقتى.
35 تۆۋەندىكىلەر ئەفرائىمنىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەتى بويىچە: —
شۇتىلاھنىڭ نەسلىدىن بولغان شۇتىلاھ جەمەتى؛ بەكەرنىڭ نەسلىدىن
بولغان بەكەر جەمەتى؛ تاھاننىڭ نەسلىدىن بولغان تاھان جەمەتى.
36 شۇتىلانىڭ ئەۋلادلىرى ئېراننىڭ نەسلىدىن بولغان ئېران جەمەتى.

---

**29:26** يە. 1:17

**33:26** چۆل. 1:27

[37]مانا بۇلار ئەفرائىم ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەتلىرى بولۇپ، ھەرقايسى جەمەتلەر بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي ئوتتۇز ئىككى مىڭ بەش يۈز ئادەم چىقتى. جەمەتلىرى بويىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

[38]بىنيامىننىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەتى بويىچە، بېلانىڭ نەسلىدىن بولغان بېلا جەمەتى؛ ئاشبەلنىڭ نەسلىدىن بولغان ئاشبەل جەمەتى؛ ئاھىرامنىڭ نەسلىدىن بولغان ئاھىرام جەمەتى؛ [39]شەفۇفامنىڭ نەسلىدىن بولغان شۇفام جەمەتى؛ ھۇفامنىڭ نەسلىدىن بولغان ھۇفام جەمەتى. [40]ئارد بىلەن نائامان بېلانىڭ ئوغۇللىرى ئىدى؛ ئاردنىڭ نەسلىدىن بولغان ئارد جەمەتى؛ نائاماننىڭ نەسلىدىن بولغان نائامان جەمەتى. [41]بۇلار بىنيامىننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، جەمەت بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي قىرىق بەش مىڭ ئالتە يۈز ئادەم چىقتى.

[42]تۆۋەندىكىلەر داننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، جەمەت بويىچە، شۇھامنىڭ نەسلىدىن بولغان شۇھام جەمەتى؛ جەمەت بويىچە بۇلار داننىڭ جەمەتلىرى ئىدى. [43]شۇھامنىڭ ھەممە جەمەتى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي ئاتمىش تۆت مىڭ تۆت يۈز ئادەم چىقتى.

[44]ئاشىرنىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەت بويىچە، يىمناھنىڭ نەسلىدىن بولغان يىمناھ جەمەتى؛ يىشۋىنىڭ نەسلىدىن بولغان يىشۋى جەمەتى؛ بېرىياھنىڭ نەسلىدىن بولغان بېرىياھ جەمەتى. [45]بېرىياھنىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەت بويىچە، ھەبەرنىڭ نەسلىدىن بولغان ھەبەر جەمەتى؛ مالكىئەلنىڭ نەسلىدىن بولغان مالكىئەل جەمەتى. [46]ئاشىرنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى سېراھ ئىدى . [47]بۇلار ئاشىر ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەتلىرى بولۇپ، ئۇلار جەمەت بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي ئەللىك ئۈچ مىڭ تۆت يۈز ئادەم چىقتى.

---

39:26 **«شەفۇفامنىڭ»** ــ ياكى «شۇفامنىڭ».

46:26 **«سېراھ»** ــ ياكى «ساراھ».

48 نافتالىنىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەت بويىچە، ياھزىئەلنىڭ نەسلىدىن
بولغان ياھزىئەل جەمەتى؛ گۇنىنىڭ نەسلىدىن بولغان گۇنى
جەمەتى؛ 49 يەزەرنىڭ نەسلىدىن بولغان يەزەر جەمەتى؛ شىللەمنىڭ
نەسلىدىن بولغان شىللەم جەمەتى. 50 بۇلار نافتالىنىڭ جەمەتلىرى
بولۇپ، جەمەت بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي قىرىق بەش
مىڭ تۆت يۈز ئادەم چىقتى.
51 يۇقىرىقىلار ئىسرائىللاردىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلەر بولۇپ،
جەمئىي ئالتە يۈز بىر مىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئادەم چىقتى.
52 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
53 زېمىن مۇشۇلارغا رويخەتكە ئېلىنغان سان بويىچە مىراس قىلىپ
تەقسىم قىلىنسۇن. 54 مىراسنى ئادەم سانى كۆپ قەبىلىلەرگە
كۆپرەك، ئادەم سانى ئاز قەبىلىلەرگە ئازراق بول؛ مىراس رويخەتتىن
ئۆتكۈزۈلگەن ئادەم سانىغا قاراپ ھەربىر ئادەمگە بۆلۈپ بېرىلسۇن.
55 ھالبۇكى، زېمىن چەك تاشلىنىش يولى بىلەن بۆلۈنسۇن؛ ئۇلار مىراسقا
ئۆزلىرىنىڭ ئاتا جەمەت-قەبىلىسىنىڭ نامى بويىچە ۋارىسلىق قىل
سۇن. 56 مىراس ئۇلارغا چەك تاشلاش يولى بىلەن ئادەم سانىنىڭ ئاز-
كۆپلۈكىگە قاراپ ھەربىر ئائىلە-جەمەتكە بۆلۈپ بېرىلسۇن.
57 تۆۋەندىكىلەر ئاتا جەمەت بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن لاۋىيلار: —
گەرشوننىڭ نەسلىدىن بولغان گەرشون جەمەتى؛ كوھاتنىڭ نەسلىدىن
بولغان كوھات جەمەتى؛ مەرارىنىڭ نەسلىدىن بولغان مەرارى جەمەتى.
58 بۇلار لاۋىيلارنىڭ جەمەتلىرى: — لىبنى جەمەتى، ھېبرون جەمەتى،
ماھلى جەمەتى، مۇشى جەمەتى، كوراھ جەمەتى. كوھاتتىن ئامرام
تۆرەلگەن. 59 ئامرامنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى يوكەبەد بولۇپ، لاۋىينىڭ

---

**53:26 «رويخەتكە ئېلىنغان سان بويىچە»** — ئىبرانىي تىلدا «ئادەم ئىسمى بىلەن ئېلىنغان سان بويىچە».

**54:26** چۆل. 54:33

**55:26** چۆل. 54:33؛ يە. 23:11؛ 2:14

**57:26** مىس. 17:6، 18، 19، 20

مىسىردا تۇغۇلغان قىزى ئىدى؛ ئۇ ئامرامغا ھارۇن، مۇسا ۋە ئۇلارنىڭ
ئاچىسى مەريەمنى تۇغۇپ بەرگەن.
[60] ھارۇندىن ناداب، ئابىھۇ، ئەلئازار، ئىتامار تۆرەلگەن. [61] لېكىن ناداب
بىلەن ئابىھۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا غەيرىي بىر ئوتنى سۇنغاندا
ئۆلۈپ كەتكەن. [62] لاۋىيلار ئىچىدە بىر ئايلىقتىن ئاشقان بارلىق
ئەركەكلەر ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەندە جەمئىي يىگىرمە ئۈچ مىڭ
ئادەم چىقتى. ئۇلار ئىسرائىللار ئىچىدە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلمىگەن،
چۈنكى ئۇلارغا ئىسرائىللار ئىچىدە ھېچقانداق مىراس زېمىن بۆلۈپ
بېرىلمىگەن.
[63] يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئادەملەر موئاب تۈزلەڭلىكلىرىدە، يېرىخونىڭ
ئۇدۇلىدىكى ئىئوردان دەرياسى بويىدا مۇسا بىلەن كاھىن ئەلئازار
تەرىپىدىن ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن ئىسرائىللاردۇر. [64] بىراق بۇ ئادەملەر
ئىچىدە مۇسا بىلەن كاھىن ھارۇن ئىلگىرى سىناي چۆلىدە ساناقتىن
ئۆتكۈزگەندە ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. [65] چۈنكى
پەرۋەردىگار ئۇلار توغرىسىدا: «ئۇلار چۆلدە ئۆلمەي قالمايدۇ» دەپ
ئېيتقانىدى. شۇڭا، يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەب بىلەن نۇننىڭ ئوغلى
يەشۇئادىن باشقا بىرىمۇ قالمىغان.

## زەلوفھادنىڭ قىزلىرى — مىراس توغرىسىدىكى ئالاھىدە بەلگىلىمىلەر

27
[1] يۇسۇپنىڭ ئوغلى ماناسسەھنىڭ نەسلىدىن بولغان
جەمەتلەر ئىچىدە ماناسسەھنىڭ چەۋرىسى، ماكىرنىڭ
ئەۋرىسى، گىلېئادنىڭ نەۋرىسى، ھەفەرنىڭ ئوغلى زەلوفھادنىڭ

**59:26** مىس. 1:2؛ 2؛ 19:6

**61:26** **«غەيرىي ئوت»** — مۇشۇ ۋەقە «لاۋ.» 10-بابتا خاتىرىلىنىدۇ؛ «لاۋ.» 1:10دىكى ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ.

**61:26** لاۋ. 2:10؛ چۆل. 4:3؛ 1تار. 2:24

**65:26** چۆل. 28:14، 29، 34، 35؛ 1كور. 5:10، 6

قىزلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى ماھلاھ، نوئاھ، ھوگلاھ، مىلكاھ، ۋە
تىرزاھ ئىدى. 2 ئۇلار جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ،
مۇسا بىلەن كاھىن ئەلئازار ۋە ئەمىرلەر بىلەن پۈتكۈل جامائەتنىڭ
ئالدىدا تۇرۇپ: 3 — بىزنىڭ ئاتىمىز چۆلدە ئۆلۈپ كەتكەن؛ ئۇ ئۇ يەردە
پەرۋەردىگارغا ھۇجۇم قىلغىلى يىغىلغانلاردىن ئەمەس، يەنى كوراھ
گۇرۇھىدىكىلەردىن ئەمەس؛ ئۇ بەلكى ئۆز گۇناھى ئىچىدە ئۆلگەن،
ۋە ئۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى يوق ئىدى. 4 نېمە ئۈچۈن ئاتىمىزنىڭ ئوغلى
يوقلۇقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ نامى ئۇنىڭ جەمەتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلىدۇ؟
ئۆزلىرىنىڭ بىزگە ئاتىمىزنىڭ قېرىنداشلىرى قاتارىدا مىراس بۆلۈپ
بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز، — دېدى.
5 مۇسا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا قويدى.
6 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
7 زەلوفىھادنىڭ قىزلىرىنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس، سەن چوقۇم ئۇلارغا
ئاتىسىنىڭ قېرىنداشلىرى قاتارىدا مىراس بەر؛ ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ
مىراسىنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگىن. 8 سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن:
«بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى بولمىسا، ئۇنداقتا
سىلەر ئۇنىڭ مىراسىنى قىزىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار. 9 قىزى
بولمىسا، مىراسىنى قېرىنداشلىرىغا بېرىڭلار. 10 قېرىنداشلىرى
بولمىسا، مىراسىنى ئاتا جەمەت تاغىلىرىغا بېرىڭلار. 11 ئەگەر ئۇنىڭ
ئاتىسىنىڭ قېرىنداشلىرى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مىراسىنى
ئۇنىڭ جەمەتىدىكى ئەڭ يېقىن بىر تۇغقىنىغا بېرىڭلار؛ ئۇ ئادەم
ئۇنىڭ مىراسىغا ئىگە بولسۇن. بۇ پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغاندەك،
ئىسرائىللارغا چۈشۈرۈلگەن ھۆكۈم، قانۇن-بەلگىلىمە بولۇپ قالسۇن».

---

**1:27** چۆل. 33:26؛ 2:36؛ يە. 3:17

**3:27** چۆل. 35:14؛ 1:16؛ 64:26

**7:27** چۆل. 2:36

## يەشۇئانىڭ مۇسانىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى

[12] پەرۋەردىگار مۇساغا: ــ
سەن ماۋۇ ئابارىم تېغىغا چىقىپ، مەن ئىسرائىللارغا تەقدىم قىلغان
زېمىنغا قاراپ باق. [13] كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن سەنمۇ ئاكاڭ هارۇنغا
ئوخشاش ئۆز خەلقلىرىڭگە قوشۇلىسەن. [14] چۈنكى زىن چۆلىدە،
جامائەت جېدەل چىقارغان چاغدا، ئىككىڭلار مېنىڭ بۇيرۇقىمغا
ئاسىيلىق قىلىپ، سۇنىڭ ئىشىدا (زىن چۆلىدە، قادەشتىكى «مەرىباھ
سۇلىرى» دېگەن جايدا) مېنى جامائەتنىڭ ئالدىدا مۇقەددەس دەپ
هۆرمەتلىمىدىڭلار، ــ دېدى.
[15] مۇسا پەرۋەردىگارغا سۆز قىلىپ: [16-17] ــ ئى پەرۋەردىگار، بارلىق ئەت
ئىگىلىرىنىڭ روهلىرىنىڭ خۇداسى، ئۆز جامائىتىنىڭ پادىچىسىز
پادىدەك بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جامائەتنى ئىدارە
قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ چىقالايدىغان، ئۇلارنى باشلاپ
ماڭالايدىغان بىر ئادەمنى تىكلەپ بېرىشىڭنى تىلەيمەن، ــ دېدى.
[18] سەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئانى تاللىغىن، ــ دېدى پەرۋەردىگار
مۇساغا، ــ ئۇنىڭدا روهىم بار، سەن قولۇڭنى ئۇنىڭ بېشىغا قوي،

---

**12:27 «ئىزاهات»** ــ «قان.» 1:31-8نى كۆرۈڭ.

**12:27** قان. 32:48، 49

**13:27 «ئۆز خەلقلىرىڭگە قوشۇلىسەن»** ــ بۇ ئىبارە توغرۇلۇق «يار.» 8:25 ۋە ئىزاهاتىنى كۆرۈڭ.

**13:27** چۆل. 20:24

**14:27** چۆل. 20:12

**16-17:27 «ئالدىغا كىرىپ چىقالايدىغان»** ــ ئىبرانىي تىلدا «(خەلقنىڭ) ئالدىدا چىقىپ كىرەلەيدىغان». بۇ ئىبارە ئىبرانىي تىلدا خەلقنى سىرتتىكى دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ۋە ئىچكى ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالايدىغان دېگەننى بىلدۈرىدۇ. **«باشلاپ ماڭالايدىغان»** ــ ئىبرانىي تىلدا «باشلاپ چىقىپ كىرەلەيدىغان». يۇقىرىقى ئىزاهاتنى كۆرۈڭ.

**16-17:27** چۆل. 16:22؛ ئىبر. 12:9؛ 1پاد. 22:17؛ مات. 9:36؛ مار. 6:34

[19] ئۇنى كاھىن ئەلئازار ۋە بارلىق جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ ۋەزىپىگە قويغىن. [20] سەن يوشۇئاغا ئىسرائىل جامائىتى ئۇنىڭ گېپىگە كىرىشى ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ ئىززەت-شۆھرىتىڭدىن بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا بەرگىن. [21] ئۇ كاھىن ئەلئازارنىڭ ئالدىدا تۇرسۇن، ئەلئازار ئۇرىمنىڭ ھۆكۈمىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن يول سورىسۇن؛ ئىسرائىل خەلقى، يەنى پۈتكۈل جامائەت ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىقىدۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كىرىشى كېرەك.

[22] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش كۆرۈپ، يەشۇئانى باشلاپ كېلىپ، كاھىن ئەلئازارنىڭ ۋە بارلىق جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزدى؛ [23] ئەلئازار قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇيرۇغىنىدەك ۋەزىپىگە قويدى.

## دائىملىق كۆيدۈرمە قۇربانلىق، يەنى كۈنلۈك كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇش توغرىسىدىكى نىزام

28
[1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[2] سەن ئىسرائىللارغا بۇيرۇپ: — «ماڭا سۇنۇلغان ھەدىيە-قۇربانلىقلارنى، يەنى ماڭا ئوزۇق بولىدىغان، خۇشبۇي كەلتۈرىدىغان ئوتتا سۇنۇلىدىغان ھەدىيە-قۇربانلىقلارنى بولسا، سىلەر ھەربىرىنى

18:27 **«روھىم بار»** — ئىبرانىي تىلدا «روھ بار» — خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى.

**18:27** قان. 21:3؛ 9:34

**21:27** **«ئۇرىم»** — بىرخىل تاش ئىدى. ئۇلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ھازىر بىر نېمە دېمەك تەس. لېكىن ئۇلار ئارقىلىق خۇدا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئىزدەيدىغانلارغا يول كۆرسەتتى. «مىس.» 30:28 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**21:27** مىس. 30:28؛ لاۋ. 8:8

**1:28** **«دائىملىق كۆيدۈرمە قۇربانلىق»** — ياكى «كۈنلۈك كۆيدۈرمە قۇربانلىق»، ياكى «دائىملىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق». «مىس.» 29:38-46نى كۆرۈڭ.

بېكىتىلگەن قەرەلىدە سۇنۇشقا كۆڭۈل قويۇڭلار» — دېگىن. [3] سەن
ئۇلارغا يەنە: «سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنىدىغان
كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭلار مۇنداق بولىدۇ: — ھەر كۈنى بىجىرىم
بىر ياشلىق ئەركەك قوزىدىن ئىككىنى دائىمىي كۆيدۈرمە
قۇربانلىق قىلىڭلار. [4] ئەتىگىنى بىرىنى، گۇگۇمدا بىرىنى سۇنۇڭلار؛
[5] يەنە تۆتتىن بىر ھىندىن سوقۇپ چىقىرىلغان زەيتۇن مېيى
ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇندىن ئوندىن بىر ئەفاھنى ئاشلىق
ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇڭلار. [6] سىناي تېغىدا بەلگىلەنگەن،
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ خۇشبۇي چىقارسۇن دەپ، ئوتتا سۇنۇلىدىغان
دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق مانا شۇدۇر. [7] ھەربىر قوزا ئۈچۈن
ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان شاراب ھەدىيەسى تۆتتىن بىر ھىن شاراب
بولىدۇ؛ ئېچىتما ئىچىملىك بولغان شاراب ھەدىيەسى مۇقەددەس
جايدا پەرۋەردىگارغا سۇنۇپ تۆكۈلسۇن. [8] سەن ئىككىنچى بىر
قوزىنى گۇگۇمدا سۇنغىن؛ ئۇنى ئەتىگەنكىدەك ئاشلىق ھەدىيەسى
ۋە شاراب ھەدىيەسى بىلەن قوشۇپ سۇنغىن؛ ئۇ خۇشبۇي كەلتۈرۈش
ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان كۆيدۈرمە
قۇربانلىق بولىدۇ.

## شابات كۈنى سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق

[9] — شابات كۈنى بىجىرىم بىر ياشلىق ئىككى ئەركەك قوزا
سۇنۇلسۇن؛ ئۇنىڭغا قوشۇپ زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل
ئۇندىن ئەفاھنىڭ ئوندىن ئىككىسى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە
سۇنۇلسۇن ۋە شاراب ھەدىيەسى سۇنۇلسۇن؛ [10] بۇ ھەربىر شابات

**3:28** مىس. 38:29

**4:28 «گۇگۇم»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئىككى كەچ ئارىلىقىدا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ — دېمەك، كۈن پېتىۋاتقان ۋاقىت بىلەن قاراڭغۇ چۈشۈش ئارىلىقىدا بولغان ۋاقىت.

**5:28 «بىر ئەفاھ»** — تەخمىنەن 2 كورە ياكى 22 لىتىر ئىدى. بىر ھىن تەخمىنەن 3.6 لىتىر ئىدى

**5:28** مىس. 36:16؛ 40:29؛ لاۋ. 1:2

**7:28 «مۇقەددەس جاي»** — مۇشۇ يەردە ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھويلىسىنى كۆرسەتسە كېرەك.

كۆنىدە سۈنۈلىدىغان شابات كۆنىدىكى قۇربانلىقتۇر؛ ئۇنىڭ بىلەن دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە قوشۇمچە سۈنۈلىدىغان شاراب ھەدىيەسى بىللە سۈنۈلسۇن.

## ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى سۈنۈلىدىغان قۇربانلىق

[11] – ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى پەرۋەردىگارغا ئاتىلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈنۈڭلار؛ يەنى ئىككى ياش تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق بىجىرىم يەتتە ئەركەك قوزىنى سۈنۈڭلار. [12]ھەر تورپاق بېشىغا زەيتۇن مېيى ئىلەشتۇرۇلگەن ئېسىل ئۇندىن ئەفاھنىڭ ئوندىن ئۈچى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە، قوشقارغا زەيتۇن مېيى ئىلەشتۇرۇلگەن ئېسىل ئۇندىن ئەفاھنىڭ ئوندىن ئىككىسى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە، [13]ھەربىر قوزا بېشىغا زەيتۇن مېيى ئىلەشتۇرۇلگەن ئېسىل ئۇندىن ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۈنۈلسۇن؛ بۇ پەرۋەردىگارغا ئوتتا سۈنۈلىدىغان، خۇشبۇي چىقىرىدىغان بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىقتۇر. [14]ئۇلارنىڭ شاراب ھەدىيەلىرى بولسا: – ھەربىر تورپاق بېشىغا شارابتىن يېرىم ھىن، قوشقار بېشىغا ھىننىڭ ئۈچتىن بىرى، ھەربىر قوزا بېشىغا ھىننىڭ تۆتتىن بىرى سۈنۈلسۇن. بۇ ھەر ئايدا سۈنۈلىدىغان ئايلىق كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولۇپ، يىلنىڭ ھەر ئېيىدا شۇنداق قىلىنسۇن. [15]بۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرۋەردىگارغا ئاتىلىدىغان گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۈنۈلسۇن؛ شۇلارنىڭ ھەممىسى دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە قوشۇمچە شاراب ھەدىيەسى بىلەن بىللە سۈنۈلسۇن.

## «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» ھەم «پېتىر نان ھېيتى»دىكى قۇربانلىقلار

[16] بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «ئۆتۈپ كېتىش» قوزىسى سۇنۇلسۇن. [17] شۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ھېيت باشلىنىدۇ؛ يەتتە كۈن پېتىر نان يېيىلسۇن. [18] بىرىنچى كۈنى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈلسۇن، ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماسلىقىڭلار كېرەك، [19] شۇ كۈنى ئوتتا سۇنۇلىدىغان، پەرۋەردىگارغا ئاتالغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە ياش تورپاقتىن ئىككىنى، بىر قوچقار ۋە يەتتە بىر ياشلىق ئەركەك قوزا سۇنۇڭلار؛ ئۇلار ئالدىڭلاردا بىجىرىم كۆرۈنسۇن؛ [20] شۇلارغا قوشۇلىدىغان ئاشلىق ھەدىيەلىرى زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇن بولۇپ، ھەربىر تورپاق بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن ئۈچى، قوچقار بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن ئىككىسى، [21] شۇ يەتتە قوزا بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرى سۇنۇلسۇن؛ [22] شۇنىڭدەك گۇناھىڭلار ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈشكە گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۇنۇلسۇن. [23] بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتىگەنلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىق، يەنى دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىقتىن ئايرىم سۇنۇڭلار. [24] سىلەر بۇ تەرىقىدە ئۇدا يەتتە كۈن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان، خۇشبۇي كەلتۈرىدىغان ئاشۇنداق ھەدىيە-قۇربانلىقلارنى سۇنۇڭلار؛ شۇلارنىڭ ھەممىسى دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە قوشۇپ سۇنۇلىدىغان شاراب ھەدىيەسىنىڭ سىرتىدا سۇنۇلىدۇ. [25] يەتتىنچى كۈنى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، شۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلىشقا بولمايدۇ.

---

**16:28 «پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «ئۆتۈپ كېتىش» قوزىسى سۇنۇلسۇن»** — ئىبرانىي تىلىدا «پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «ئۆتۈپ كېتىش» بولىدۇ». بۇ ھېيت توغرۇلۇق «لاۋ.» 5:23-14نىمۇ كۆرۈڭ.

**16:28** مىس. 18:12؛ 15:23؛ لاۋ. 5:23

**18:28** لاۋ. 7:23

**24:28 «خۇشبۇي كەلتۈرىدىغان ئاشۇنداق ھەدىيە-قۇربانلىقلارنى سۇنۇڭلار»** — دېمەك، بىرىنچى كۈندىكى «گۇناھ قۇربانلىقى» (تېكە) سۇنۇلمايدۇ؛ چۈنكى « خۇشبۇي كەلتۈرىدىغان قۇربانلىق» ئەمەس.

## «ھەپتىلەر ھېيتى» يەنى «دەسلەپكى ئورما ھېيتى»دىكى قۇربانلىقلار

[26] «دەسلەپكى ئورما» كۈنى، يەنى «ھەپتىلەر ھېيتى»ڭلاردا سىلەر يېڭى ئاشلىق ھەدىيەسىنى پەرۋەردىگارغا سۇنغان چاغدا مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار؛ ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماڭلار. [27] سىلەر پەرۋەردىگارغا ئاتالغان، خۇشبۇي كەلتۈرىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە ياش تورپاقتىن ئىككىنى، قوچقاردىن بىرنى، بىر ياشلىق ئەركەك قوزىدىن يەتتىنى سۇنۇڭلار. [28] شۇلارغا قوشۇپ سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ھەدىيەسى زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇندىن بولۇپ، ھەربىر تورپاق ئۈچۈن ئەفاھنىڭ ئوندىن ئۈچى، قوچقار ئۈچۈن ئەفاھنىڭ ئوندىن ئىككىسى، [29] شۇ يەتتە قوزا ئۈچۈن ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرى سۇنۇلسۇن؛ [30] شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن كەففارەت كەلتۈرۈشكە گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۇنۇلسۇن. [31] شۇلارنىڭ ھەممىسى دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئۇنىڭ ئاشلىق ھەدىيەسىگە قوشۇپ (بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىڭلاردا بېجىرىم كۆرۈنسۇن)، شاراب ھەدىيەلىرى بىلەن بىللە سۇنۇلسۇن.

## كاناي چېلىش ھېيتىدىكى قۇربانلىقلار
## «لاۋ.» 23:23-25نىمۇ كۆرۈڭ

29

[1] يەتتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى سىلەر مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار؛ ئۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماسلىقىڭلار كېرەك. بۇ سىلەر ئۈچۈن كانايلار چېلىنىدىغان

26:28 ««دەسلەپكى ئورما»، يەنى «ھەپتىلەر ھېيتى»ڭلاردا» — ياكى «يەنى (سىلەر ھەپتەڭلارنى (دېمەك، يەتتە ھەپتە) ئۆتكۈزگەندىن كېيىن». «لاۋ.» 15:23-22نىمۇ كۆرۈڭ.

كۈنى بولىدۇ. [2] سىلەر پەرۋەردىگارغا ئاتالغان، خۇشبۇي كەلتۈرىدىغان
كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە ياش بىر تورپاق، بىر قوچقار، يەتتە
بىر ياشلىق بېجىرىم ئەركەك قوزىنى سۇنۇڭلار. [3] شۇلارغا قوشۇپ
سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ھەدىيەسى زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن
ئېسىل ئۇندىن بولۇپ، ھەربىر تورپاق بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن
ئۈچى، قوچقار بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن ئىككىسى، [4] شۇ يەتتە قوزا
بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرى سۇنۇلسۇن؛ [5] شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ
گۇناھىڭلار ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈشكە گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە
بىر تېكە سۇنۇلسۇن. [6] شۇلارنى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىكى كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ۋە ئۇنىڭغا قوشۇمچە بولغان ئاشلىق ھەدىيەسى، دائىمىي
كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭغا قوشۇمچە بولغان ئاشلىق ھەدىيەسى
ۋە بۇلارغا قوشۇلىدىغان شاراب ھەدىيەلىرىنىڭ سىرتىدا سۇنۇڭلار؛
بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىرى بەلگىلىمە بويىچە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
ئوتتا خۇشبۇي كەلتۈرسۇن دەپ سۇنۇلسۇن.

## كەفارەت كۈنى سۇنۇلىدىغان قۇربانلىقلار
## «لاۋ.» 26:23-32نىمۇ كۆرۈڭ

[7] يەتتىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى سىلەر مۇقەددەس يىغىلىش
ئۆتكۈزۈڭلار؛ نەپسىڭلارنى تارتىپ ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار. ئۇ كۈنى
ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلىشقا بولمايدۇ. [8] سىلەر پەرۋەردىگارغا
ئاتالغان، خۇشبۇي كەلتۈرىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە ياش
بىر تورپاق، بىر قوچقار، بىر ياشلىق ئەركەك قوزىدىن يەتتىنى سۇنۇڭلار

---

1:29 **«مۇقەددەس يىغىلىش»** — «مۇقەددەس يىغىلىش»لار ياكى «مۇقەددەس سورۇن»لار توغرۇلۇق «لاۋ.» 2:23 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**1:29** لاۋ. 24:23

7:29 **«نەپسىڭلارنى تارتىپ ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇپ»** — ئىبرانىي تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يەھۇدىي ئەنئەنىلىرى بويىچە بۇ ئىشلار روزا تۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 29:16-31نىمۇ كۆرۈڭ.

**7:29** لاۋ. 29:16، 31؛ 27:23

(بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىڭلاردا بىجىرىم كۆرۈنسۇن). [9] شۇلارغا قوشۇپ سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ھەدىيەسى زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇندىن بولۇپ، ھەربىر تورپاق بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن ئۈچى، قوچقار بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن ئىككىسى، [10] شۇ يەتتە قوزا بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرىنى، [11] شۇنىڭدەك گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۇنۇڭلار؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەفارەت كۈنىدىكى گۇناھ قۇربانلىقى، دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە بۇلارنىڭ شاراب ھەدىيەلىرى بىللە سۇنۇلسۇن.

## «كەپىلەر ھېيتى»دىكى قۇربانلىقلار
## «لاۋ.» 23:33-44نى كۆرۈڭ

[12] يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار؛ ئۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلىشقا بولمايدۇ. پەرۋەردىگارغا ئاتاپ يەتتە كۈن ھېيت قىلىڭلار؛ [13] سىلەر پەرۋەردىگارغا ئاتاپ، خۇشبۇي كەلتۈرسۇن دەپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە ياش تورپاقتىن ئون ئۈچىنى، ئىككى قوچقار، بىر ياشلىق ئەركەك قوزىدىن ئون تۆتنى سۇنۇڭلار (شۇلار ھەممىسى بىجىرىم بولسۇن). [14] شۇلارغا قوشۇپ سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ھەدىيەسى زەيتۇن مېيى ئىلەشتۈرۈلگەن ئېسىل ئۇندىن بولۇپ، ئون ئۈچ تورپاق بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن ئۈچى، ئىككى قوچقار بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن ئىككىسى، [15] ئون تۆت قوزا بېشىغا ئەفاھنىڭ ئوندىن بىرىنى، [16] شۇنىڭدەك گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۇنۇڭلار؛ شۇلارنىڭ ئۈستىگە دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە شاراب ھەدىيەسى بىللە سۇنۇلسۇن.

[17] ئىككىنچى كۈنى ياش تورپاقتىن ئون ئىككىنى، ئىككى قوچقار، بىر ياشلىق ئەركەك قوزىدىن ئون تۆتنى سۇنۇڭلار (شۇلار ھەممىسى بىجىرىم بولسۇن) [18] ۋە شۇنداقلا تورپاقلار، قوچقارلار ۋە ئەركەك قوزىلارنىڭ

---

**8:29** چۆل. 19:28

سانىغا قاراپ بەلگىلىمە بويىچە قوشۇمچە سۇنۇلىدىغان ئاشلىق
ھەدىيەلىرى بىلەن شاراب ھەدىيەلىرىنى سۇنۇڭلار. 19 شۇنىڭدەك
گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۇنۇڭلار؛ شۇلارنىڭ ئۈستىگە
دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى
ۋە شۇلارنىڭ شاراب ھەدىيەلىرى بىللە سۇنۇلسۇن.
20 ئۈچىنچى كۈنى بىر ياش تورپاقتىن ئون بىرنى، ئىككى
قوچقار، بىر ياشلىق ئەركەك قوزىدىن ئون تۆتنى سۇنۇڭلار (شۇلار
ھەممىسى بىجىرىم بولسۇن) 21 ۋە شۇنداقلا تورپاقلار، قوچقارلار
ۋە ئەركەك قوزىلارنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلىمە بويىچە قوشۇمچە
سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ھەدىيەلىرى بىلەن شاراب ھەدىيەلىرىنى
سۇنۇڭلار؛ 22 شۇنىڭدەك گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە
سۇنۇڭلار؛ شۇلارنىڭ ئۈستىگە دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق،
ئۇنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە شاراب ھەدىيەسى بىللە
سۇنۇلسۇن.
23 تۆتىنچى كۈنى ياش تورپاقتىن ئوننى، ئىككى قوچقار، بىر ياشلىق
ئەركەك قوزىدىن ئون تۆتنى سۇنۇڭلار (شۇلار ھەممىسى بىجىرىم
بولسۇن) 24 ۋە شۇنداقلا تورپاقلار، قوچقارلار ۋە ئەركەك قوزىلارنىڭ
سانىغا قاراپ بەلگىلىمە بويىچە قوشۇمچە سۇنۇلىدىغان ئاشلىق
ھەدىيەلىرى بىلەن شاراب ھەدىيەلىرىنى سۇنۇڭلار؛ 25 شۇنىڭدەك
گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۇنۇڭلار؛ شۇلارنىڭ ئۈستىگە
دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە
شاراب ھەدىيەسى بىللە سۇنۇلسۇن.
26 بەشىنچى كۈنى ياش تورپاقتىن توققۇزنى، ئىككى قوچقار، بىر ياشلىق
ئەركەك قوزىدىن ئون تۆتنى سۇنۇڭلار (شۇلار ھەممىسى بىجىرىم
بولسۇن) 27 ۋە شۇنداقلا تورپاقلار، قوچقارلار ۋە ئەركەك قوزىلارنىڭ
سانىغا قاراپ بەلگىلىمە بويىچە قوشۇمچە سۇنۇلىدىغان ئاشلىق
ھەدىيەلىرى بىلەن شاراب ھەدىيەلىرىنى سۇنۇڭلار؛ 28 شۇنىڭدەك
گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۇنۇڭلار؛ شۇلارنىڭ ئۈستىگە

دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە شاراب ھەدىيەسى بىللە سۇنۇلسۇن.
[29] ئالتىنچى كۈنى ياش تورپاقتىن سەككىزنى، ئىككى قوچقار، بىر ياشلىق ئەركەك قوزىدىن ئون تۆتنى سۇنۇڭلار (شۇلار ھەممىسى بېجىرىم بولسۇن) [30] ۋە شۇنداقلا تورپاقلار، قوچقارلار ۋە ئەركەك قوزىلارنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلىمە بويىچە قوشۇمچە سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ھەدىيەلىرى بىلەن شاراب ھەدىيەلىرىنى سۇنۇڭلار؛ [31] شۇنىڭدەك گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۇنۇڭلار؛ شۇلارنىڭ ئۈستىگە دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە شاراب ھەدىيەسى بىللە سۇنۇلسۇن.
[32] يەتتىنچى كۈنى ياش تورپاقتىن يەتتىنى، ئىككى قوچقار، بىر ياشلىق ئەركەك قوزىدىن ئون تۆتنى سۇنۇڭلار (شۇلار ھەممىسى بېجىرىم بولسۇن) [33] ۋە شۇنداقلا تورپاقلار، قوچقارلار ۋە ئەركەك قوزىلارنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلىمە بويىچە قوشۇمچە سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ھەدىيەلىرى بىلەن شاراب ھەدىيەلىرىنى سۇنۇڭلار؛ [34] شۇنىڭدەك گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تېكە سۇنۇڭلار؛ شۇلارنىڭ ئۈستىگە دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە شاراب ھەدىيەسى بىللە سۇنۇلسۇن.
[35] سەككىزىنچى كۈنى سىلەر مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار؛ ئۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماڭلار. [36] سىلەر پەرۋەردىگارغا ئاتاپ، خۇشبۇي كەلتۈرسۇن دەپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە بىر تورپاق، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق ئەركەك قوزىدىن ئون تۆتنى (شۇلار ھەممىسى بېجىرىم بولسۇن) [37] ھەمدە تورپاق، قوچقار ۋە ئەركەك قوزىلارنىڭ سانىغا قاراپ، بەلگىلىمە بويىچە قوشۇمچە سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ھەدىيەلىرى بىلەن شاراب ھەدىيەلىرىنى سۇنۇڭلار؛ [38] شۇنىڭدەك گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدىمۇ بىر تېكە سۇنۇڭلار؛ شۇلارنىڭ

**35:29** لاۋ. 36:23

ئۈستىگە دائىمىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭ قوشۇمچە ئاشلىق
ھەدىيەسى ۋە شاراب ھەدىيەسى بىللە سۇنۇلسۇن.
[39] بەلگىلەنگەن ھېيتلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنۇلىدىغان
قۇربانلىق-ھەدىيەلەر ئەنە شۇلاردۇر؛ سىلەرنىڭ قەسەمگە باغلىق
ياكى ئىختىيارەن سۇنىدىغانلىرىڭلار، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭلار،
ئاشلىق ھەدىيەلىرىڭلار، شاراب ھەدىيەلىرىڭلار ۋە ئىناقلىق
قۇربانلىقلىرىڭلار بولسا، ئۇلارنىڭ سىرتىدىدۇر. [40] شۇنداق قىلىپ،
مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئۇزىگە بۇيرۇغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى
قالدۇرماي ئىسرائىللارغا ئۇقتۇردى.

## قەسەم قىلىش نىزامى

30 [1] مۇسا ئىسرائىللارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىغا سۆز قىلىپ
مۇنداق دېدى: — پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغانلىرى مۇنداق: —
[2] ئەگەر بىراۋ پەرۋەردىگارغا قەسەم ئىچكەن بولسا ياكى ئۆز ئۆزىنى
چەكلىمەكچى بولۇپ قەسەم ئىچكەن بولسا، لەۋزىدىن قايتىشقا بولمايدۇ،
ھامان ئاغزىدىن چىققان ھەممە گەپ بويىچە ئىش تۇتۇشى كېرەك.
[3] قىز بالا ياش بولۇپ، تېخى ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا، ئۆز-ئۆزىنى
چەكلەش توغرۇلۇق پەرۋەردىگارغا قەسەم بەرگەن بولسا، [4] ئەمما ئاتىسى
قىزىنىڭ قەسىمىنى ياكى ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش توغرىسىدا بەرگەن
ۋەدىسىنى ئاڭلىغان ۋە قىزىنىڭ ئالدىدا ئۈندىمەي شۈك تۇرغان بولسا،
ئۇنداقتا ئۇنىڭ بارلىق قەسەملىرى ۋە ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش توغرىسىدا
قىلغان ھەممە ۋەدىسى ئىناۋەتلىك بولىدۇ. [5] لېكىن قىزنىڭ ئاتىسى
ئاڭلىغان چاغدا ئۇنى توسقان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان قەسەملىرى
ياكى ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش توغرىسىدا قىلغان ۋەدىلىرىدىن ھېچبىرى
ئىناۋەتلىك بولمايدۇ؛ ئاتىسى ئۇنى توسقان بولغاچقا، پەرۋەردىگارمۇ
ئۇنى كەچۈرىدۇ.

2:30 قان. 20:23

[6] – ئەگەر ئۇ قەسەم قىلغان ياكى ئۆز-ئۆزىنى چەكلەشكە ئاغزىدا
تەنتەكلىك بىلەن ۋەدە قىلغان ھالەتتە ئەرگە تەگكەن بولسا، [7] ئېرى
شۇنى ئاڭلىغان بولسا، لېكىن ئاڭلىغان كۈنى ئۈندىمەي شۈك
تۇرغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قىلغان قەسەملىرى ياكى ئۆز-ئۆزىنى
چەكلەشكە قىلغان گەپلىرى ئىناۋەتلىك بولىدۇ. [8] ئەگەر ئېرى
ئاڭلىغان كۈنى ئۇنى توسقان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان قەسىمىنى ۋە ئۆز-
ئۆزىنى چەكلەش توغرۇلۇق ئاغزىدىن چىقارغان تەنتەك گەپلىرىنى
بىكار قىلسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئىناۋەتسىز بولىدۇ؛ پەرۋەردىگار ئۇنى
كەچۈرىدۇ.
[9] لېكىن تۇل خوتۇن ياكى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنلار
قىلغان قەسەم، يەنى ئۇنىڭ ئۆزىنى چەكلەش توغرۇلۇق قىلغان بارلىق
ۋەدىلىرى بولسا ئىناۋەتلىك بولىدۇ. [10] ئەگەر ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدە قەسەم
قىلغان ياكى ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش توغرۇلۇق قەسەم-ۋەدە ئىچكەن،
[11] ئېرى ئاڭلاپ تۇرۇقلۇق شۈك تۇرۇۋېلىپ توسمىغان بولسا، ئۇنداقتا
ئۇنىڭ بارلىق قىلغان قەسەملىرى ۋە ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش توغرۇلۇق
قىلغان بارلىق ۋەدىلىرى ئىناۋەتلىك بولىدۇ. [12] لېكىن ئۇنىڭ ئېرى
ئاڭلاپ تۇرغان چاغدا ئۇنىڭ قەسەم-ۋەدىلىرىنى ئېنىق رەت قىلغان
بولسا، ئايال ئاغزىدىن چىقارغان ۋەدە بېرىش ۋە ئۆز-ئۆزىنى چەكلەپ
تۇرۇش توغرۇلۇق قىلغان بارلىق ۋەدىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى
ئىناۋەتلىك بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئېرى بۇلارنى رەت قىلغان بولغاچقا،
پەرۋەردىگار ئۇنى كەچۈرىدۇ.
[13] ئايالنىڭ بەرگەن ۋەدىسىنى ۋە ئۇنىڭ چىداپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى
چەكلەيمەن دەپ قىلغان قەسەم-ۋەدىسىنى ئۇنىڭ ئېرى
ئىناۋەتلىكمۇ قىلالايدۇ، ئىناۋەتسىزمۇ قىلالايدۇ. [14] ئەگەر ئۇنىڭ
ئېرى ھەركۈنى ئۇنىڭ ئالدىدا شۈك تۇرۇۋېلىپ گەپ قىلمىسا،
ئۇنداقتا ئۇنىڭ بەرگەن بارلىق قىلغان قەسەملىرىنى ۋە ئۆز-
ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش توغرۇلۇق قىلغان ھەممە ۋەدىلىرىنى
ئىناۋەتلىك قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ؛ چۈنكى ئېرىنىڭ

ئاڭلاپ تۇرغان كۈندە گەپ قىلماي شۇك تۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قەسەم-ۋەدىلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلغانلىقىدۇر.
[15] لېكىن ئېرى ئايالىنىڭ قەسەم-ۋەدىلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ قەسەم-ۋەدىلىرىنى ئىناۋەتسىز قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ ئايالىنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ.
[16] يۇقىرىقىلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغانلىرى، يەنى ئېرى بىلەن ئايالى، ئاتا بىلەن ئۆز ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان، تېخى ياشلىقىدا بولغان قىزى ئوتتۇرىسىدىكى نىزام-بەلگىلىمىلەردۇر.

## مىدىيانلارغا جەڭ قىلىش ۋەزىپىسى

31
[1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: —
[2] سەن مىدىيانلاردىن ئىسرائىللارنىڭ ئىنتىقامىنى ئال، ئاندىن ئۆز خەلقلىرىڭگە قوشۇلىسەن، — دېدى.
[3] مۇسا خەلققە مۇنداق دېدى: — ئاراڭلاردىن جەڭگە چىقىشقا بىر تۈركۈم ئادەملەرنى قوراللاندۇرۇڭلار؛ ئاندىن ئۇلار مىدىيانلاردىن پەرۋەردىگار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاتلانسۇن. [4] سىلەر ئىسرائىللارنىڭ ھەربىر قەبىلىسىدىن جەڭ قىلىشقا مىڭدىن ئادەم ماڭدۇرۇڭلار.
[5] شۇنىڭ بىلەن تۈمەنلىگەن ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھەر قەبىلىسىدىن مىڭدىن، جەمئىي ئون ئىككى مىڭ ئادەم جەڭ قىلىشقا قوراللاندۇرۇلدى. [6] مۇسا ھەر قەبىلىدىن مىڭدىن ئادەمنى جەڭ قىلىشقا ماڭدۇردى ھەمدە ئەلئازارنىڭ ئوغلى فىنىھاسنى ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدۇردى، فىنىھاسنىڭ قولىدا مۇقەددەس ئەسۋابلار ۋە ئاگاھ كاناي بار ئىدى.

---

**2:31** چۆل. 17:25؛ 13:27

6:31 **«مۇقەددەس ئەسۋابلار»** — نېمە ئىكەنلىكى ھازىر ئېنىق ئەمەس. «ئۇرىم» ۋە «تۇممىم» بولۇشى مۇمكىن. «ئاگاھ كاناي» بەلكىم 2:10دە تىلغا ئېلىنغان ئىككى كاناي ئىدى.

[7] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنى بويىچە مىدىيانلار بىلەن
سوقۇشقىلى چىقىپ، ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؛
[8] مۇشۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەردىن باشقا، يەنە مىدىيانىنىڭ ئەۋى، رەكەم،
زۇر، خۇر ۋە رەبا دېگەن بەش پادىشاھىنى ئۆلتۈردى؛ يەنە بېئورنىڭ
ئوغلى بالائامنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. [9] ئىسرائىللار
مىدىيانلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرى ۋە بالىلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ
كەتتى، يەنە ئۇلارنىڭ پۈتۈن چارۋا ماللىرى، قوي پادىلىرى ۋە مال-
مۈلۈكلىرىنى ئولجا قىلدى؛ [10] ئۇلار تۇرۇۋاتقان يەرلەردىكى بارلىق
شەھەر ۋە بارلىق بارگاھلىرىغا ئوت قويۇۋەتتى؛ [11] ئۇلار ئادەم بولسۇن
مال بولسۇن بارلىق غەنىيمەت، بارلىق ئولجىنى ئېلىپ كەتتى؛ [12] ئۇلار
تۇتقان ئەسىرلەرنى ھەم ئولجا-غەنىيمەتنى موئاب تۈزلەڭلىكلىرىگە،
ئىئوردان دەرياسى بويىغا جايلاشقان يېرىخونىڭ ئۇدۇلىدىكى بارگاھقا
ئەكىلىپ، مۇسا بىلەن كاھىن ئەلئازارغا، شۇنداقلا ئىسرائىللارنىڭ
جامائىتىگە تاپشۇردى. [13] مۇسا، كاھىن ئەلئازار ۋە جامائەتنىڭ
بارلىق ئەمىرلىرى بارگاھنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى.
[14] لېكىن مۇسا جەڭدىن قايتقان ھەربىي سەردارلارغا، يەنى مىڭبېشى،
يۈزبېشىلارغا خاپا بولۇپ: —
[15] سىلەر ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى تىرىك قالدۇردۇڭلارمۇ؟ [16] قاراڭلار، دەل شۇلار
بالائامنىڭ ھىيلە-مەسلىھەتى بىلەن پېئوردىكى ئىشتا ئىسرائىللارنى
پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھقا پاتقۇزۇشى بىلەن، پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە
ۋابا ياغدۇرۇلغان ئەمەسمۇ؟ [17] ئەمدى سىلەر بارلىق ئوغۇل بالىلارنى

---

**7:31 «مىدىيانلار بىلەن سوقۇشقىلى چىقىپ، ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى»** — پەرۋەردىگارنىڭ مىدىيانلار توغرۇلۇق بۇ بۇيرۇقى 25:16-18دىمۇ خاتىرىلىنىدۇ. «ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى» — جەڭگە قاتناشقان ئەركەكلەر، ئەلۋەتتە.

**8:31** يە. 21:13، 22

**11:31** قان. 14:20

**16:31 «مىدىيانلىق ئاياللار ...ئىسرائىللارنى... گۇناھقا پاتقۇزۇشى بىلەن، پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە ۋابا ياغدۇرۇلغان ئەمەسمۇ؟»** — بۇ ۋابا توغرۇلۇق 25:1-3نى كۆرۈڭ.

**16:31** چۆل. 1:25، 2، 18؛ 2پېت. 2:15؛ ۋەھ. 14:2

ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئاياللارنى قويماي
ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. 18 بىراق ياش قىزلار، يەنى ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت
ئۆتكۈزمىگەنلەرنى بولسا، ئۆزلىرىڭلارغا تىرىك قالدۇرۇڭلار.
19 سىلەر بارگاھ سىرتىدا يەتتە كۈن چېدىر تىكىپ تۇرۇڭلار؛ ئادەم
ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلۈككە تەگكەن ھەركىم ئۈچىنچى كۈنى ۋە يەتتىنچى
كۈنى ئۆزىنى پاكلىسۇن؛ سىلەر ۋە سىلەر ئەسىر قىلغان كىشىلەرنىڭ
ھەممىسى شۇنداق قىلسۇن. 20 بارلىق كىيىم-كېچەك، تېرە ئەسۋاب
ئۈسكۈنىلەر، تىۋىتتا توقۇلغان بارلىق نەرسىلەر ھەم ياغاچ ئەسۋاب-
ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىنى پاكلاڭلار، — دېدى.
21 كاھىن ئەلئازار جەڭگە چىقىپ قايتقان لەشكەرلەرگە:
— مانا پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغان قانۇن-بەلگىلىمە: 22 ئالتۇن،
كۈمۈش، مىس. تۆمۈر، قەلەي، قوغۇشۇن قاتارلىق 23 ئوتقا چىدامسىز
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈڭلار، شۇنداق قىلساڭلار
پاك ھېسابلىنىدۇ؛ شۇنداقتىمۇ، يەنىلا «ناپاكلىقنى چىقارغۇچى سۇ»
بىلەن پاكىزلاڭلار؛ ئوتقا چىدامسىز نەرسىلەرنى شۇ سۇدىن ئۆتكۈزۈڭلار.
24 يەتتىنچى كۈنى كىيىملىرىڭلارنى يۇيۇڭلار، ئاندىن سىلەر پاك
ھېسابلىنىسىلەر؛ ئاندىن كېيىن بارگاھقا كىرسەڭلار بولىدۇ، — دېدى.

## جەڭ غەنىيمەتلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى

25 پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
26 سەن كاھىن ئەلئازار ۋە جامائەت ئىچىدىكى قەبىلە كاتتىلىرى
بىلەن بىرلىكتە ئېلىنغان ئولجا-غەنىيمەتنىڭ، ئادەم بولسۇن، چارپاي

---

**17:31** ھاك. 11:21

**18:31 «ياش قىزلار»** — ياكى «قىز بالىلار».

**19:31 «سىلەر بارگاھ سىرتىدا يەتتە كۈن چېدىر تىكىپ تۇرۇڭلار... ئۈچىنچى كۈنى ۋە يەتتىنچى كۈنى ئۆزىنى پاكلىسۇن»** — ياكى «ھەركىم ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلۈككە تەگكەن بولسا، سىلەر بارگاھ سىرتىدا يەتتە كۈن چېدىر تىكىپ تۇرۇڭلار؛ ھەركىم ئۈچىنچى كۈنى ۋە يەتتىنچى كۈنى ئۆزىنى پاكلىسۇن».

**23:31** چۆل. 9:19

بولسۇن، شۇلارنىڭ ئومۇمىي ساننى ھېسابلاپ چىققىن؛ 27 ئۇلجا-
غەنيمەتنى ئىككىگە بۆل، يېرىمىنى جەڭگە چىققانلارغا بەر، قالغان
يېرىمىنى بارلىق جامائەتكە بەر. 28 سەن يەنە چىقىپ جەڭگە قاتناشقان
لەشكەرلەر ئالىدىغان ئادەم، كالا، ئېشەك ياكى قوي پادىلىرىدىن
بەش يۈزدىن بىرىنى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ئۈلۈش بولسۇن دەپ
ئايرىغىن؛ 29 سىلەر شۇنى لەشكەرلەرگە تەۋە بولغان يېرىمىدىن
ئېلىپ پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «كۆتۈرمە ھەدىيە» سۈپىتىدە كاھىن
ئەلىئازارغا تاپشۇرۇڭلار. 30 ئىسرائىللارغا تەۋە بولغان يېرىمىنىڭ
ئادەم، كالا، ئېشەك، قوي پادىلىرى، شۇنداقلا ھەرخىل ھايۋانلاردىن
ئەللىكتىن بىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ جامائەت چېدىرىغا قاراشقا
مەسئۇل بولغان لاۋىيلارغا بېرىڭلار.
31 شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن كاھىن ئەلىئازار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا
بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.
32 ئەمدى ئۇلجا-غەنيمەت، يەنى جەڭگە چىققان لەشكەرلەر ئېلىۋالغان
نەرسىلەردىن قالغىنى قوي جەمئىي ئالتە يۈز يەتمىش بەش مىڭ، 33 كالا
يەتمىش ئىككى مىڭ، 34 ئېشەك ئاتمىش بىر مىڭ، 35 ئەركەكلەر بىلەن
مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن قىزلار ئوتتۇز ئىككى مىڭ چىقتى. 36 جەڭگە
چىققانلارنىڭ ئۈلۈشى، يەنى ئۇلارغا تەۋە يېرىمى، قوي جەمئىي ئۈچ
يۈز ئوتتۇز يەتتە مىڭ بەش يۈز؛ 37 بۇ قوي پادىلىرىدىن پەرۋەردىگارغا
ئاتالغىنى ئالتە يۈز يەتمىش بەش بولدى؛ 38 كالا ئوتتۇز ئالتە مىڭ،
بۇنىڭدىن پەرۋەردىگارغا ئاتالغىنى يەتمىش ئىككى بولدى. 39 ئېشەك
ئوتتۇز مىڭ بەش يۈز چىقتى، بۇنىڭدىن پەرۋەردىگارغا ئاتالغىنى ئاتمىش
بىر بولدى. 40 ئادەم ئون ئالتە مىڭ چىقتى، بۇنىڭدىن پەرۋەردىگارغا
ئاتالغىنى ئوتتۇز ئىككى ئادەم بولدى. 41 مۇسا پەرۋەردىگار ئۆزىگە
بۇيرۇغىنى بويىچە پەرۋەردىگارغا سۇنۇلىدىغان «كۆتۈرمە ھەدىيە»
بولغان ئۈلۈشنى كاھىن ئەلىئازارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

---

**27:31** 1سام. 24:30
**41:31** چۆل. 19،8:18

[42] ئىسرائىللارغا تەۋە بولغان يېرىمى، يەنى مۇسا جەڭگە چىقىپ كەلگەنلەردىن ئېلىپ بۆلۈپ بەرگىنى — [43] جامائەتكە تەۋە بولغان شۇ يېرىمى — قوي ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە مىڭ بەش يۈز، [44] كالا ئوتتۇز ئالتە مىڭ، [45] ئېشەك ئوتتۇز مىڭ بەش يۈز، [46] ئادەم ئون ئالتە مىڭ ئىدى. [47] مۇسا پەرۋەردىگار ئۆزىگە بۇيرۇغىنى بويىچە، ئىسرائىللارغا تەۋە بولغان شۇ يېرىمىنىڭ، مەيلى ئادەم ياكى هايۋان بولسۇن، ئەللىكتىن بىرىنى ئايرىپ ئېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىغا قاراشقا مەسئۇل بولغان لاۋىيلارغا تاپشۇردى.

[48] يۈزبېشى مىڭبېشى، يۈزبېشىلىرى مۇسا بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ، [49] مۇساغا: — خىزمەتكارلىرىڭنىڭ قول ئاستىدا جەڭ قىلغان لەشكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى ساناقتىن ئۆتكۈزسەك بىرىمۇ كەم چىقمىدى. [50] شۇڭا، مانا پەرۋەردىگارنىڭ هۇزۇرىدا ئۆزىمىزنىڭ گۇناهىنىڭ كافارىتى ئۈچۈن هەرقايسىمىز ئېرىشكەنلەرنى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان هەدىيە قىلىمىز — ئالتۇن بۇيۇملار، پۇت-قول زەنجىرلىرى، بىلەزۈك، مۆھۈر ئۈزۈك، زىرە-هالقا، مارجانلارنىڭ هەممىسىنى ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى.

[51] شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن كاهىن ئەلئازار ئۇلاردىن ئەكەلگەن ئالتۇنلارنى، يەنى ئالتۇندا ياسالغان هەرخىل بۇيۇملارنى ئالدى. [52] ئۇلارنىڭ مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلىرىدىن ئالغىنى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «كۆتۈرمە هەدىيە» سۈپىتىدە سۇنۇلدى؛ بارلىق ئالتۇن جەمئىي ئون ئالتە مىڭ يەتتە يۈز ئەللىك شەكەل چىقتى [53] (لەشكەرلەرنىڭ هەربىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن مال-مۈلۈكنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقانىدى). [54] مۇسا بىلەن كاهىن ئەلئازار مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلىرىنىڭ قولىدىن ئالتۇننى ئېلىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ هۇزۇرىدا ئىسرائىللار ئۈچۈن يادنامە قىلدى.

---

53:31 قان. 14:20

## ئىككى قەبىلىنىڭ دەريانىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى زېمىننى تەلەپ قىلغانلىقى

32 [1] رۇبەننىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن گادنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كالا
پادىلىرى تولىمۇ كۆپەيگەنىدى؛ ئۇلارنىڭ يائازەرنىڭ زېمىنى
بىلەن گىلېئادنىڭ زېمىنىغا كۆزى چۈشتى؛ ۋە مانا، شۇ زېمىن چارۋا
بېقىشقا ماس كېلىدىغان يەر ئىدى. [2] شۇڭا ئۇلار مۇسا، كاھىن ئەلئازار
ۋە جامائەتنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارغا: —
[3] ئاتاروت، دىبون، يائازەر، نىمراھ، ھەشبون، ئەلەئالەھ، سەبام، نېبو،
بەئون دېگەن يەرلەر، [4] يەنى ئىسرائىل جامائىتى ئالدىدا پەرۋەردىگار
مەغلۇپ قىلىپ بەرگەن يەرلەر بولۇپ، چارۋا بېقىشقا باپ يەرلەر ئىكەن،
قۇللىرىڭىزنىڭمۇ چارۋا مېلى بار، — دېدى [5] ۋە يەنە: — ئەگەر سىلىنىڭ
ئالدىلىرىدا ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشكەن بولساق، بىزنى ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆت دېمەي، بۇ يەرنى بىزگە مىراس قىلىپ بەرسىلە، — دېدى.
[6] مۇسا گادنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن رۇبەننىڭ ئەۋلادلىرىغا: —
قېرىنداشلىرىڭلار جەڭگە چىققان ۋاقىتتا سىلەر مۇشۇ يەردە
تۇرامتىڭلار؟ [7] سىلەر نېمە ئۈچۈن ئىسرائىللارنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ
پەرۋەردىگار ئۇلارغا ئاتا قىلىپ بەرگەن زېمىنغا كىرىشىگە كۆڭۈللىرىنى
سوۋۇتۇسىلەر؟ [8] ئىلگىرى مەن قادەش-بارنېئادىن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى
شۇ زېمىننى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتكىنىمدە ئۇلارمۇ شۇنداق قىلى
شقانىدى. [9] ئۇلار ئەشكول جىلغىسىغا چىقىپ، ئۇ زېمىننى كۆرۈپ،
ئىسرائىللارنىڭ كۆڭلىنى پەرۋەردىگار ئاتا قىلىپ بەرگەن زېمىنغا
كىرىشتىن سوۋۇتقان. [10] شۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ
قەسەم قىلىپ: [11] «مىسىردىن چىققان يىگىرمە ياشتىن يۇقىرىلار
چىن كۆڭلىدىن ماڭا ئەگەشمىگەچكە، ئۇلار مەن ئىبراھىم، ئىسھاق،
ياقۇپلارغا «سىلەرگە ئاتا قىلىمەن» دەپ قەسەم قىلغان زېمىننى

---

**1:32 «ئىزاھات»** — «قان.» 3:12-22نىمۇ كۆرۈڭ.

**3:32 «سىبماھ»** — ياكى «سىبماھ».

**8:32** چۆل. 3:13؛ قان. 22:1

كۆرسە، مەن پەرۋەردىگار بولماي كېتەي! 12 پەقەت كەنىززىيلەردىن
بولغان يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەب بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئالا ماڭا
چىن كۆڭلىدىن ئەگەشكەن بولغاچقا، زېمىننى كۆرەلەيدۇ»، دېگەنىدى.
13 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا ئاچچىقى قوزغالغاچقا،
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا رەزىل بولغاننى قىلغان ئەشۇ بىر ئەۋلاد ئۆلۈپ
تۈگىگۈچە، ئۇ ئۇلارنى چۆل-باياۋاندا قىرىق يىل سەرگەردانلىقتا
يۈرگۈزدى. 14 ئەمدى مانا، گۇناھكارلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان سىلەرمۇ
ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا
بولغان قاتتىق غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىماقچى بوپسىلەر-دە! 15 ئەگەر
سىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن بۇرۇلۇپ كەتسەڭلار، ئۇنداقتا ئۇ
ئىسرائىللارنى يەنە چۆل-باياۋانغا تاشلىۋېتىدۇ، بۇ ھالدا سىلەر بۇ
بارلىق خەلقنى خاراب قىلغان بولىسىلەر، — دېدى.
16 ئىككى قەبىلىنىڭ ئادەملىرى مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: —
بىز بۇ يەردە ماللىرىمىزغا قوتان، بالىلىرىمىزغا قەلئە-شەھەر
سالايلى. 17 بىز بولساق قوراللىنىپ، ئىسرائىللارنى ئۆزىگە تەۋە
جايلىرىغا باشلاپ بارغۇچە سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىمىز؛ بۇ زېمىندىكى
يات خەلقلەر سەۋەبلىك، بىزنىڭ كىچىك بالىلىرىمىز مۇستەھكەم
شەھەرلەردە تۇرۇشى كېرەك. 18 ئىسرائىللار ئۆز مىراسلىرىغا ئىگە
بولمىغۇچە بىز ئۆيىمىزگە ھەرگىز قايتمايمىز. 19 چۈنكى بىز ئۇلار
بىلەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى زېمىنغا ياكى
ئۇنىڭدىنمۇ يىراقتىكى زېمىنغا تەڭ ئىگىدار بولمايمىز، چۈنكى
مىراسىمىز ئىئوردان دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىدە، يەنى كۈن چىقىشتىدۇر،
— دېدى.
20 مۇسا ئۇلارغا: — ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا قوراللىنىپ جەڭگە چىقىپ، 21 سىلەردىن قوراللانغانلارنىڭ
ھەممىسى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەرۋەردىگار ئۆز
دۈشمەنلىرىنى ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ بولغاندا،

**11:32** چۆل. 14:28؛ قان. 1:35

[22]شۇ زېمىن پەرۋەردىگار ئالدىدا بويسۇندۇرۇلۇپ بولغاندا ئاندىن
قايتساڭلار، سىلەر پەرۋەردىگار ۋە ئىسرائىللار ئالدىدا گۇناھسىز
ھېسابلىنىسىلەر؛ بۇ زېمىنمۇ پەرۋەردىگار ئالدىدا سىلەرگە مىراس
قىلىپ بېرىلىدۇ. [23]لېكىن بۇنداق قىلمىساڭلار، مانا، پەرۋەردىگار
ئالدىدا گۇناھكار بولىسىلەر؛ شۇنى ئوبدان بىلىشىڭلار كېرەككى،
گۇناھىڭلار ئۆزۈڭلارنى قوغلاپ بېشىڭلارغا چۈشىدۇ. [24]ئەمدى
سىلەر ئاغزىڭلاردىن چىققان گېپىڭلار بويىچە ئىش تۇتۇڭلار،
بالىلىرىڭلار ئۈچۈن شەھەر، قوي پادىلىرىڭلار ئۈچۈن قوتان
سېلىڭلار، — دېدى.
[25]گادنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن رۇبەنىنىڭ ئەۋلادلىرى مۇساغا: —
قۇللىرى غوجام ئېيتقىنىدەك قىلىدۇ. [26]خوتۇن-بالا چاقىلىرىمىز،
كالىلار ۋە بارلىق چارپايلىرىمىز گىلېئادنىڭ ھەرقايسى
شەھەرلىرىدە قالىدۇ؛ [27]لېكىن قۇللىرى، جەڭگە تەييارلىنىپ
قوراللانغانلارنىڭ ھەربىرى غوجام ئېيتقاندەك دەريادىن ئۆتۈپ
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا جەڭ قىلىدۇ، — دېدى.
[28]شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئۇلار توغرۇلۇق كاھىن ئەلئازار بىلەن نۇننىڭ
ئوغلى يەشۇئاغا ۋە ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلە باشلىقلىرىغا
تاپىلاپ، [29]ئۇلارغا: — ئەگەر گادنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن رۇبەنىنىڭ
ئەۋلادلىرى قوراللىنىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا جەڭگە چىقىشقا
سىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتسە، ئۇ زېمىن
سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بويسۇندۇرۇلسا، ئۇنداقتا سىلەر گىلېئاد
زېمىنىنى ئۇلارغا مىراس قىلىپ بېرىڭلار. [30]ئەگەر ئۇلار قوراللىنىپ
سىلەر بىلەن بىللە ئۆتمەيمىز دېسە، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ مىراسى
ئاراڭلاردا، يەنى قانائان زېمىنىدا بولسۇن، — دېدى.
[31]گادنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن رۇبەنىنىڭ ئەۋلادلىرى: —
پەرۋەردىگار قۇللىرىغا قانداق بۇيرۇغان بولسا، بىز شۇنداق
قىلىمىز. [32]بىز قوراللىنىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا دەريادىن

**28:32** يە. 13:1؛ 12:4

ئۆتۈپ قانائان زېمىنىغا كىرىمىز، ئاندىن ئىئوردان دەرياسىنىڭ
بۇ يېقىدىكى زېمىن بىزگە مىراس قىلىپ بېرىلىدىغان بولىدۇ، —
دېيىشتى.
[33] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئاموريلارنىڭ پادىشاھى سىھوننىڭ
پادىشاھلىقى بىلەن باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنىڭ پادىشاھلىقىنى،
زېمىن ۋە تەۋەسىدىكى شەھەرلەرنى، ئەتراپىدىكى شەھەرلەر بىلەن
قوشۇپ، ھەممىسىنى گادنىڭ ئەۋلادلىرىغا، رۇبەننىڭ ئەۋلادلىرىغا
ۋە يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە بەردى.
[34] گادنىڭ ئەۋلادلىرى دىبون، ئاتاروت، ئاروئەر، [35] ئاتروت-شوفان،
يائازەر، يوگبىخاھ، [36] بەيت-نىمراھ، بەيت-ھاران قاتارلىق مۇستەھكەم
شەھەرلەرنى سالدى ۋە شۇنداقلا قوتانلارنى سالدى.
[37] رۇبەننىڭ ئەۋلادلىرى يېڭىدىن ھەشبون، ئەلەئالەھ، كىرىئاتايىم،
[38] نېبو، بائال-مېئون (يۇقىرىقى ئىسىملار ئۆزگەرتىلگەن) ۋە سىبماھنى
سالدى؛ ھەم ئۇلار سالغان شەھەرلەرگە يېڭىدىن نام بەردى.
[39] ماناسسەھنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئەۋلادلىرى گىلېئادقا يۈرۈش
قىلىپ، ئۇ يەرنى ئېلىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئاموريلارنى قوغلىۋەتتى.
[40] شۇنىڭ بىلەن مۇسا گىلېئادنى ماناسسەھنىڭ ئوغلى ماكىرغا
بېرىۋىدى، ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.
[41] ماناسسەھنىڭ ئوغلى يائىر ئاموريلارنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىنى
ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، بۇ يېزا-قىشلاقلارنى ھاۋۋوت-يائىر دەپ
ئاتىدى.
[42] نوباھ كىنات ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا-قىشلاقلارنى ھۇجۇم قىلىپ
ئېلىپ كىناتنى ئۆز ئىسمى بىلەن نوباھ دەپ ئاتىدى.

---

**33:32** قان. 12:3؛ يە. 8:13؛ 4:22

**39:32** يار. 23:50

**41:32** **«ھاۋۋوت-يائىر»** — «يائىرنىڭ يېزىلىرى» دېگەن مەنىدە.

## مىسىردىن ئابەل-شىتتىمغىچە بولغان
## قىرىق يىللىق سەرگەردانلىق سەپەر

33 [1] تۆۋەندىكىلەر ئۆز قوشۇنلىرى بويىچە، مۇسا بىلەن
ھارۇننىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا مىسىر زېمىنىدىن چىققان
ئىسرائىللارنىڭ ماڭغان يوللىرىدۇر؛ [2] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى
بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ سەپەر قىلغان يوللىرىنى پۈتۈپ قويدى، ئۇلارنىڭ
سەپەر قىلغان يوللىرى مۇنداق: —
[3] بىرىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئىسرائىللار رامسەس
شەھىرىدىن سەپەرگە چىقتى؛ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ ئەتىسى
ئۇلار بارلىق مىسىرلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا مەردانىلىك بىلەن يولغا
چىقتى. [4] بۇ چاغدا مىسىرلىقلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرۋەردىگار
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى، يەنى بارلىق تۇنجى ئوغۇللىرىنى
دەپنە قىلىۋاتاتتى؛ پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنىڭ مەبۇدلىرىنىڭ
ئۈستىدىن ھۆكۈم چۈشۈردى. [5] ئىسرائىللار رامسەستىن يولغا چىقىپ
سۇككوتقا بېرىپ چېدىر تىكتى. [6] ئۇلار سۇككوتتىن يولغا چىقىپ چۆل-
باياۋاننىڭ ئايىغىدىكى ئېتامغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [7] ئېتامدىن
يولغا چىقىپ، ئايلىنىپ بائال-زېفوننىڭ ئۇدۇلىدىكى پى-خاخىروتقا
بېرىپ مىگدولنىڭ ئالدىدا چېدىر تىكتى. [8] پى-خاخىروتتىن يولغا
چىقىپ، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، ئېتام چۆلىدە ئۈچ كۈن
يول يۈرۈپ ماراھدا چېدىر تىكتى. [9] ماراھدىن يولغا چىقىپ ئېلىمگە
كەلدى؛ ئېلىمدە ئون ئىككى بۇلاق بىلەن يەتمىش خورما دەرىخى بار

**3:33 «مەردانىلىك بىلەن»** — ئىبرانىي تىلىدا «قولىنى يۇقىرىغا كۆتۈرگەن ھالدا».

**3:33** مىس. 37:12

**4:33 «پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنىڭ مەبۇدلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چۈشۈردى»** — «مىس.» 12:12نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**6:33** مىس. 20:13

**7:33** مىس. 2:14

**8:33** مىس. 22:15، 23

ئـدى؛ ئۇلار شۇ يەردە چېدىر تىكتى. [10] ئېلىمدىن يولغا چىقىپ قىزىل
دېڭىز بويىدا چېدىر تىكتى. [11] قىزىل دېڭىزدىن يولغا چىقىپ سىن
چۆلىدە چېدىر تىكتى. [12] سىن چۆلىدىن يولغا چىقىپ دوفقاھقا كېلىپ
چېدىر تىكتى. [13] دوفقاھدىن يولغا چىقىپ ئالۇشقا بېرىپ چېدىر
تىكتى. [14] ئاندىن كېيىن ئالۇشتىن يولغا چىقىپ رىفىدىمغا كېلىپ
چېدىر تىكتى، ئۇ يەردە خەلققە ئىچىدىغان سۇ تېپىلماي قالدى.
[15] رىفىدىمدىن يولغا چىقىپ، سىناي چۆلىگە بېرىپ چېدىر تىكتى.

## چۆلدە سەرگەردان بولۇش

[16] سىناي چۆلىدىن يولغا چىقىپ قىبروت-ھاتتاۋاھقا كېلىپ چېدىر
تىكتى. [17] قىبروت-ھاتتاۋاھدىن يولغا چىقىپ ھازىروتتا چېدىر تىكتى.
[18] ھازىروتتىن يولغا چىقىپ رىتماھدا چېدىر تىكتى. [19] رىتماھدىن
يولغا چىقىپ رىممون-پەرەزدە چېدىر تىكتى. [20] رىممون-پەرەزدىن يولغا
چىقىپ لىبناھدا چېدىر تىكتى. [21] لىبناھدىن يولغا چىقىپ رىسساھدا
چېدىر تىكتى. [22] رىسساھدىن يولغا چىقىپ كەھەلاتاھدا چېدىر
تىكتى. [23] كەھەلاتاھدىن يولغا چىقىپ شافىر تېغىدا چېدىر تىكتى.
[24] شافىر تېغىدىن يولغا چىقىپ ھاراداھتا چېدىر تىكتى. [25] ھاراداھدىن
يولغا چىقىپ ماكھېلوتتا چېدىر تىكتى. [26] ماكھېلوتتىن يولغا چىقىپ
تاھاتتا چېدىر تىكتى. [27] تاھاتتىن يولغا چىقىپ تەراھدا چېدىر تىكتى.
[28] تەراھدىن يولغا چىقىپ مىتقاھدا چېدىر تىكتى. [29] مىتقاھدىن يولغا
چىقىپ ھاشموناھتا چېدىر تىكتى. [30] ھاشموناھتىن يولغا چىقىپ
موشەروتتا چېدىر تىكتى. [31] موشەروتتىن يولغا چىقىپ بەنە-يائاكاندا
چېدىر تىكتى. [32] بەنە-يائاكاندىن يولغا چىقىپ خور-ھاگىدگادقا

---

**9:33** مىس. 27:15
**11:33** مىس. 1:16
**14:33** مىس. 1:17
**15:33** مىس. 1:19
**16:33** چۆل. 34:11، 35
**30:33** قان. 6:10

بېرىپ چېدىر تىكتى. [33] خور-هاگىدگادتىن يولغا چىقىپ يوتباتاھقا
كېلىپ چېدىر تىكتى. [34] يوتباتاھتىن يولغا چىقىپ ئابروناھقا كېلىپ
چېدىر تىكتى. [35] ئابروناھتىن يولغا چىقىپ ئەزيون-گەبەرگە كېلىپ
چېدىر تىكتى. [36] ئەزيون-گەبەردىن يولغا چىقىپ زىن چۆلىدە، يەنى
قادەشتە چېدىر تىكتى. [37] قادەشتىن يولغا چىقىپ ئېدوم زېمىنىنىڭ
چېگرىسىدىكى هور تېغىدا چېدىر تىكتى. [38] ئىسرائىللار مىسىر
زېمىنىدىن چىققاندىن كېيىنكى قىرىقىنچى يىلى بەشىنچى ئاينىڭ
بىرىنچى كۈنى، كاهىن هارۇن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە هور
تېغىغا چىقىپ شۇ يەردە ئۆلدى. [39] هارۇن هور تېغىدا ئۆلگەن چېغىدا
بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ ياشتا ئىدى.
[40] ئۇ چاغدا، قانائان زېمىنىنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇشلۇق قانائانىيلارنىڭ
پادىشاهى ئاراد ئىسرائىللار كېلىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدى.
[41] ئىسرائىللار هور تېغىدىن يولغا چىقىپ زالموناھدا چېدىر تىكتى.
[42] زالموناھدىن يولغا چىقىپ پۇنونغا كېلىپ چېدىر تىكتى. [43] پۇنوندىن
يولغا چىقىپ ئوبوتقا كېلىپ چېدىر تىكتى. [44] ئوبوتتىن يولغا
چىقىپ موئابنىڭ چېگرىسىدىكى ئىيە-ئابارىمغا كېلىپ چېدىر
تىكتى. [45] ئىيىمدىن يولغا چىقىپ دىبون-گادقا كېلىپ چېدىر تىكتى.
[46] دىبون-گادتىن يولغا چىقىپ ئالمون-دىبلاتايىمغا كېلىپ چېدىر
تىكتى. [47] ئالمون-دىبلاتايىمدىن يولغا چىقىپ نېبونىڭ ئالدىدىكى
ئابارىم تاغلىقىغا كېلىپ چېدىر تىكتى. [48] ئابارىم تاغلىقىدىن يولغا
چىقىپ يېرىخونىڭ ئۇدۇلىدا ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىدىكى موئاب
تۈزلەڭلىكلىرىدە چېدىر تىكتى. [49] موئاب تۈزلەڭلىكلىرىدە ئىئوردان

**36:33** چۆل. 1:20

**37:33** چۆل. 22:20

**38:33** چۆل. 25:20؛ قان. 50:32

**40:33** چۆل. 1:21

**41:33** چۆل. 4:21

**43:33** چۆل. 10:21

**45:33** **«ئىيىم»** ــ «ئىيە-ئابارىم» دېگەننىڭ قىسقارتىلغان شەكلى.

دەرياسىنى بويلاپ تىككەن چېدىرلىرى بەيت-يەشىموتتىن تارتىپ
ئابەل-شىتتىمغىچە باردى.

[50] پەرۋەردىگار موئاب تۈزلەڭلىكلىرىدىكى ئىئوردان دەرياسى بويىدا
يېرىخونىڭ ئۇدۇلىدا مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[51] سەن ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ مۇنداق بۇيرۇغىن: ــ «سىلەر ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆتۈپ قانائان زېمىنىغا كەلگەن چېغىڭلاردا، [52] زېمىندىكى
بارلىق تۇرۇۋاتقانلارنى ئالدىڭلاردىن ھەيدىۋېتىڭلار، ئۇلارنىڭ بارلىق
ئويما، قۇيما بۇتلىرىنى چېقىپ تاشلاڭلار ھەم بارلىق «يۇقىرى
جاي»لىرىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاڭلار. [53] سىلەر شۇ زېمىننى ئىگىلەپ
ماكانلىشىڭلار، چۈنكى مەن ئۇ زېمىننى سىلەرگە مىراس قىلىپ
بەرگەنمەن. [54] سىلەر جەمەت بويىچە چەك تاشلاپ، زېمىننى ئۆزۈڭلەرگە
مىراس قىلىپ ئېلىڭلار؛ ئادىمى كۆپرەكلەرگە كۆپرەك مىراس بۆلۈپ
بېرىڭلار؛ ئادىمى ئازراقلارغا ئازراق مىراس بۆلۈپ بېرىڭلار؛ چەك
تاشلانغاندا كىملەرگە قەيەر چىققان بولسا، شۇ يەر ئۇنىڭ مىراسى
بولسۇن؛ سىلەر مىراسقا ئاتا قەبىلە-جەمەت بويىچە ۋارىسلىق
قىلىڭلار. [55] ھالبۇكى، ئەگەر ئۇ زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارنى ئالدىڭلاردىن
ھەيدىۋەتمىسەڭلار، ئۇلاردىن قېلىپ قالغانلار چوقۇم كۆزۈڭلەرگە
تىكەن، بىقىنىڭلارغا يانتاق بولۇپ سانجىلىدۇ، تۇرغان زېمىنىڭلاردا
سىلەرنى پاراكەندە قىلىدۇ؛ [56] ۋە شۇنداق بولىدۇكى، مەن ئەسلىدە

49:33 **«ئابەل-شىتتىم»** ــ «ئاكاتسىيە چىمەنزارلىقى» دېگەن مەنىدە.

**49:33** چۆل. 25:1؛ يە. 2:1

**52:33** **««يۇقىرى جاي»لار»** ــ ئەسلىدە بۇتپەرەسلەر مەبۇدلىرىغا چوقۇنىدىغان، تاۋاپ قىلىدىغان تاغ چوققىلىرى قاتارلىق جايلار ئىدى. ئىسرائىللار كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ يەرلەردە پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلاتتى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇتپەرەس خەلقلەرگە ئەگىشىپ شۇ يەرلەرنى بۇتپەرەسلىك قىلىدىغان جايلار قىلىۋالدى. «لاۋ.» 30:26نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**52:33** قان. 2:7-26

**54:33** چۆل. 54:26-65

**55:33** يە. 13:23؛ ھاك. 3:2

ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلماقچى بولغان بولسام، سىلەرگە شۇنداق مۇئامىلىدە بولىمەن».

## قانائان زېمىنىنىڭ چېگراسى

34 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[2] سەن ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ مۇنداق بۇيرۇغىن: «سىلەر
قانائان زېمىنىغا كىرگەن چاغدا، سىلەرگە مىراس بولۇشقا تەقسىم
قىلىنىدىغان زېمىن قانائان زېمىنى بولىدۇ؛ زېمىنىنىڭ بېكىتىلگەن
جاي-چېگرالىرى مۇنداق بولىدۇ: —
[3] سىلەرنىڭ جەنۇب تەرىپىڭلەر زىن چۆلىدىن باشلاپ ئېدوم
چېگرىسىغا تاقالسۇن؛ ئاندىن جەنۇب تەرەپتىكى چېگرالار «شور
دېڭىزى»نىڭ جەنۇب تەرىپىنىڭ ئەڭ ئايىغىغا يەتسۇن؛ [4] شۇ يەردىن
چېگرالار «سېرىق ئېشەك داۋىنى»نىڭ جەنۇب تەرىپىدىن بۇرۇلۇپ
زىنغا ئۆتسۇن؛ ئۇنىڭ ئايىغى تۈپتوغرا قادەش-بارنېئانىڭ جەنۇبىدا
بولىدۇ؛ ئاندىن ئۇ يەردىن يەنە ھازار-ئاددارغا بېرىپ، ئازمونغا تۇتى
شىدۇ؛ [5] ئاندىن چېگرا ئازموندىن بۇرۇلۇپ مېڭىپ، مىسىر ئېقىنىغا
بارىدۇ ۋە دېڭىزغىچە تۇتىشىدۇ.
[6] كۈن پېتىش تەرەپتە چېگرالار «ئۇلۇغ دېڭىز»نىڭ ئۆزى بولىدۇ،
يەنى ئۇنىڭ بويلىرى بولىدۇ؛ مانا بۇ سىلەرنىڭ كۈن پېتىش
تەرەپتىكى چېگرالار بولىدۇ.
[7] شىمال تەرەپتىكى چېگرالار مۇنداق بولىدۇ: — «ئۇلۇغ دېڭىز»دىن
باشلاپ ھور تېغىغىچە پاسىل سىزىلسۇن؛ [8] پاسىل سىزىقى ھور
تېغىدىن باشلاپ خامات ئېغىزىغا سوزۇلۇپ، ئاندىن چېگرا زەدادقا تۇ

---

3:34 **«شور دېڭىزى»** — يەنە «ئۆلۈك دېڭىز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
3:34 يە. 1:15
4:34 **«سېرىق ئېشەك داۋىنى»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئاكراببىم داۋىنى».
6:34 **«ئۇلۇغ دېڭىز»** — ھازىر «ئوتتۇرا دېڭىز» دەپ ئاتىلىدۇ.

تاشسۇن؛ [9]چېگرا يەنە زىفرونغا ئۆتۈپ ھازار-ئېناندا ئاخىرلاشسۇن؛ مانا بۇ سىلەرنىڭ شىمالىي چېگراڭلار بولىدۇ.
[10]ئاندىن شەرقىي چېگرايىڭلارنىڭ پاسىل سىزىقى ھازار-ئېناندىن شېفامغىچە سىزىلسۇن. [11]بۇ چېگرا شېفامدىن ئايىننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى رىبلاھقا چۈشىدۇ؛ ئاندىن چېگرا شۇ يەردىن چۈشۈپ كىننەرەت دېڭىزىنىڭ داۋىنىدىن ئۆتۈپ كۈن چىقىش تەرەپكە تۇتىشىدۇ. [12]ئاندىن چېگرا تۆۋەنلەپ ئىئوردان دەرياسىنى بويلاپ چۈشۈپ، شور دېڭىزىغىچە يەتسۇن. مانا بۇ چېگرالار بىلەن بېكىتىلگەن زېمىنىڭلار بولىدۇ».
[13]مۇسا ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ بۇيرۇدى: — «مانا بۇ پەرۋەردىگار توققۇز قەبىلە ۋە يېرىم قەبىلىگە تەقدىم قىلىنسۇن دەپ بۇيرۇغان، چەك تاشلىنىش ئارقىلىق ئۆزۈڭلار ۋارىسلىق قىلىدىغان زېمىنىڭلار بولىدۇ؛ [14]چۈنكى رۇبەن قەبىلىسىدىكىلەر ئاتا جەمەتى بويىچە ۋە گاد قەبىلىسىدىكىلەر ئاتا جەمەتى بويىچە ئۆز مىراسىغا ئاللىقاچان ۋارىسلىق قىلىپ ئۈلۈش ئېلىپ بولدى، ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىمۇ ئۆز مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۈلۈش ئالدى؛ [15]بۇ ئىككى قەبىلە ۋە يېرىم قەبىلە يېرىخونىڭ ئۇدۇلىدا، ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كۈن چىقىش تەرەپتە ئۆز مىراسلىرىنى ئېلىپ بولغا».

## زېمىننى تەقسىم قىلىشقا نازارەت قىلغۇچى خادىملار

[16]پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: — [17]تۆۋەندىكىلەر زېمىننى سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئىسمىلىكى:

---

8:34 **«خامات ئېغىزى»** — ياكى «لىبو-خاماتقا».

11:34 **«كىننەرەت دېڭىزى»** — ياكى «كىننەرەت كۆلى» كېيىن «گاللىيە دېڭىزى»، «تىبېرىئۇس دېڭىزى» دەپمۇ ئاتالغان. «كىننەرەت»نىڭ مەنىسى «چىلتار» — كۆلنىڭ شەكلى چىلتارسىماندۇر.

– كاھىن ئەلئازار ۋە نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا.[18] سىلەرمۇ يەنە زېمىن تەقسىم قىلىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن ھەر قەبىلىدىن بىردىن ئەمىر تاللاپ بېرىڭلار.
[19] بۇلارنىڭ ئىسمى مۇنداق: – يەھۇدا قەبىلىسىدىن يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەب. [20] شىمېئون قەبىلىسىدىكىلەردىن ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى شەمۇئەل. [21] بىنيامىن قەبىلىسىدىن كىسلوننىڭ ئوغلى ئەلىداد. [22] دان قەبىلىسىدىكىلەردىن يوگلىنىڭ ئوغلى، ئەمىر بۇككى ئىدى. [23] يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرىدىن: – ماناسسەھ قەبىلىسىدىكىلەردىن ئەفودنىڭ ئوغلى ئەمىر ھاننىيەل [24] ھەم ئەفرائىم قەبىلىسىدىكىلەردىن شىفتاننىڭ ئوغلى ئەمىر كەمۇئەل. [25] زەبۇلۇن قەبىلىسىدىكىلەردىن پارناقنىڭ ئوغلى ئەمىر ئەلىزافان؛ [26] ئىسساكار قەبىلىسىدىكىلەردىن ئاززاننىڭ ئوغلى ئەمىر پالتىيەل؛ [27] ئاشىر قەبىلىسىدىكىلەردىن شېلومىنىڭ ئوغلى ئەمىر ئاخىھۇد؛ [28] نافتالى قەبىلىسىدىكىلەردىن ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەمىر پەداھەل ئىدى.
[29] مانا بۇلار پەرۋەردىگار ئەمر قىلىپ ئىسرائىللارغا قانائان زېمىنىدىكى مىراسلىرىنى تەقسىم قىلىشقا بېكىتكەنلەر ئىدى.

## لاۋىيلارنىڭ شەھەرلىرى

35 [1] پەرۋەردىگار يېرىخونىڭ ئۇدۇلىدا، ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىدىكى موئاب تۈزلەڭلىكلىرىدە مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: –
[2] سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق ئەمر قىل، ئۇلار مىراس قىلىپ ئېرىشكەن زېمىنىدىكى بەزى شەھەرلەرنى لاۋىيلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا

17:34 يە. 1:14.
19:34 **«يەھۇدا يەھۇدا قەبىلىسىدىن»** ــ ياكى «يەھۇدا قەبىلىسى ئۈچۈن».
20:34 **«شەمۇئەل»** ــ ياكى «سامۇئىل».

بەرسۇن؛ ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى يايلاقلارنىمۇ لاۋىيلارغا
بەرسۇن. [3]شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان شەھەرلىرى بولىدۇ ۋە
شۇ شەھەرلەرگە تەۋە يايلاقلارغا ئۇلارنىڭ چارپايلىرى، باشقا مال-
مۈلۈكلىرى ھەمدە بارلىق ھايۋانلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.
[4]سىلەر لاۋىيلارغا بېرىدىغان شەھەرلەردىكى يايلاقلار سېپىلدىن
باشلاپ ھېسابلىغاندا مىڭ گەز بولسۇن. [5]سىلەر يەنە شەھەر
سىرتىدىن كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ ئىككى مىڭ گەز، جەنۇب
تەرەپكە قاراپ ئىككى مىڭ گەز، كۈن پېتىش تەرەپكە قاراپ ئىككى
مىڭ گەز، شىمال تەرەپكە قاراپ ئىككى مىڭ گەز ئۆلچەڭلار، شەھەر
ئوتتۇرىدا بولسۇن؛ شەھەرلەر ئەتراپىدىكى مۇشۇ يەرلەر ئۇلار ئۈچۈن
يايلاقلار بولسۇن. [6]سىلەر لاۋىيلارغا بەرگەن شەھەرلەر ئىچىدە ئالتە
شەھەر «پاناھلىق شەھىرى» بولسۇن؛ سىلەر شۇلارنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ
قويغان كىشىلەرنىڭ شۇ شەھەرلەرگە قېچىپ بېرىۋېلىشىغا
بېكىتىڭلار؛ بۇلاردىن باشقا ئۇلارغا يەنە قىرىق ئىككى شەھەر
بېرىڭلار. [7]سىلەر لاۋىيلارغا بېرىدىغان شەھەرلەر جەمئىي قىرىق
سەككىز بولۇپ، شۇ شەھەرلەر بىلەن ئۇلارغا تەۋە يايلاقلار ئۇلارغا
بېرىلسۇن. [8]سىلەر ئۇلارغا بېرىدىغان شۇ شەھەرلەر ئىسرائىللار
مىراس قىلغان تەۋەلىكلەردىن بولسۇن؛ ئادىمى كۆپرەك بولغانلاردىن
كۆپرەك، ئادىمى ئازراق بولغانلاردىن ئازراق ئېلىڭلار؛ ھەربىر قەبىلە

---

**2:35** يە. 2:21

**4:35** **«گەز»** ــ مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز»نى بەلكىم بىر «جەينەك» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ ــ يەنى ئادەمنىڭ جەينىكىدىن بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق (تەخمىنەن 45 سانتىمېتىر).

**5:35** **«ئايەتنىڭ شەرھى»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئىككى مىڭ گەز» بەلكىم شۇ يايلاقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، لاۋىيلارنىڭ ئۇلار تۇرىدىغان شەھەر ئەتراپىدا ئۇلارغا يايلىق قىلىپ ئايرىلغان تۆت پارچە يېرى بار ئىدى؛ ھەربىر پارچە يەر سېپىلغا يانداش بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ گەز، كەڭلىكى بىر مىڭ گەز كېلەتتى.

**6:35** **«چۈشەنچىسى»** ــ تۆۋەندىكى 10-34-ئايەتلەردىكى قانۇننى كۆرۈڭ.

**6:35** يە. 21:21

ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان مىراسقا ئاساسەن شەھەرلەردىن بەزىلىرىنى
ئېلىپ لاۋىيلارغا تەقسىم قىلىپ بەرسۇن.

## پاناھلىق شەھىرلىرى

### «قان.» 1:19-13؛ «يەشۇئا» 1:20-9نىمۇ كۆرۈڭ

[9] پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
[10] سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: «سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن
ئۆتۈپ قانائان زېمىنىغا كىرگىنىڭلاردا، [11] تاسادىپىيلىقتىن ئادەم
ئۆلتۈرۈپ قويغانلارنىڭ پاناھلىنىشى ئۈچۈن قېچىپ بېرىۋېلىشىغا
بىرنەچچە شەھەر تاللاپ بېكىتىڭلار. [12] شۇنداق قىلغاندا بۇ شەھەرلەر
ئادەم ئۆلتۈرگۈچى تاكى جامائەت ئالدىدا سوراقتا تارتىلغۇچە،
قىساسكارنىڭ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن پاناھلىنىدىغان شەھەرلەر
بولىدۇ. [13] سىلەر بېكىتكەن بۇ شەھەرلەر سىلەرگە پاناھلىنىدىغان
ئالتە شەھەر بولىدۇ. [14] پاناھلىق شەھىرى ئۈچۈن ئىئوردان دەرياسىنىڭ
كۈن چىقىش تەرىپىدە ئۈچ شەھەر، قانائان زېمىنىدىمۇ ئۈچ شەھەرنى
ئايرىپ قويۇڭلار. [15] بۇ ئالتە شەھەر ئىسرائىللار، يات ئەلدىكىلەر ۋە
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئارىلىشىپ ئولتۇرغان مۇساپىرلار ئۈچۈن پاناھلىق

---

**8:35 «پاناھلىق شەھەرلىرى»** — لاۋىيلار يالغۇز بۇ شەھەرلەردە تۇرغان ئەمەس؛ بىراق بەلكىم ئۆزلىرى شۇ شەھەرلەردىن تۇرۇشقا خالىغان ئۆيلەرنى ئەتراپتىكى قەبىلىدىكىلەردىن ئاۋۋال تاللاش ھوقۇقى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ھاك.» 1:9دە «شەقەم» (لاۋىيلارنىڭ بىر شەھىرى)دە يەنە «ئابىمەلەك ۋە قېرىنداشلىرى» تۇراتتى.

**10:35** قان. 2:19؛ يە. 2:20

**12:35 «قىساسكار» ياكى «قىساس ئالغۇچى»»** — (ئىبرانىي تىلىدا «گوئېل») مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ يېقىن بىر تۇغقىنىنى كۆرسىتىدۇ. بىرسى باشقا بىرسىنى (مەيلى قەستەن ياكى قەستەن بولمىسۇن) ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىن بىرسى «قان قىساسى ئالىمەن» دېگەن بىر كىشى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ قېنىنى ئېلىش ھوقۇقى بار ئىدى. «پاناھلىق شەھەرلەر» دېگەن نىزام-تۈزۈم ئۆلتۈرۈش ئىشىنىڭ قاتىللىق ياكى تاسادىپىيلىقتىن بولغانلىقىنى ئېنىقلاشقا يېتەرلىك ۋاقىت بولسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن بېكىتىلگەن. «گوئېل» توغرۇلۇق يەنە «ئايۇپ» 25:19 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**14:35** قان. 41:4؛ يە. 8:20

شەھەرلىرى بولسۇن؛ تاسادىپىيلىقتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ھەربىر كىشى شۇ يەرلەرگە قېچىشقا بولىدۇ.
[16] — ئەگەر بىراۋ تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن ئۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل بولىدۇ؛ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى جەزمەن ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك. [17] ئەگەر بىراۋ قول كۆتۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرگۈدەك تاش بىلەن ئۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل بولىدۇ؛ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى جەزمەن ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك. [18] ئەگەر بىراۋ ئادەم ئۆلتۈرگۈدەك كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل بولىدۇ؛ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى جەزمەن ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك. [19] قان قىساس ئالغۇچى كىشى شۇ قاتىلنى ئۆلتۈرسۇن؛ ئۇ قاتىلنى ئۇچرانقان يېرىدە ئۆلتۈرسۇن. [20] ئەگەر بىراۋ ئۆچمەنلىك بىلەن بىرسىنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپ ياكى مۆكۈپ تۇرۇپ بىرەر نەرسە ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، [21] ياكى ئۆچەكىشىپ مۇشت بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئادەم ئۇرغۇچى جەزمەن ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك، چۈنكى ئۇ قاتىل بولىدۇ؛ قان قىساس ئالغۇچى كىشى قاتىلنى ئۇچرىغان يەردە ئۆلتۈرۈۋەتسۇن.
[22] لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆچى يوق، تاسادىپىي ئىتتىرىۋېتىش ياكى مەقسەتسىزلا بىرەر نەرسە ئېتىپ، [23] ياكى ئادەم ئۆلتۈرگۈدەك ھەرقانداق بىر تاشنى ئادەمنى كۆرمەي ئېتىپ سېلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسلىدە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئۆچى بولمىسا، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىمۇ بولمىسا؛ [24] بۇنداق ئەھۋالدا، جامائەت شۇ قانۇن-ھۆكۈملەرگە ئاساسەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى بىلەن قان قىساس ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا كېسىم قىلسۇن. [25] جامائەت تاسادىپىي ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىنى قان قىساس ئالغۇچى كىشىنىڭ قولىدىن جەزمەن قۇتقۇزۇۋالسۇن؛ ئۇلار ئۇنى قېچىپ بېرىۋالغان پاناھلىق شەھىرىگە

---

20:35 قان. 11:19

22:35 **«مەقسەتسىزلا»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مۆكۈنگەن ھالدا ئەمەس بولۇپ...».

ئامان-ئېسەن قايتۇرۇپ بەرسۇن؛ ئاندىن مۇقەددەس ماي بىلەن
مەسىھلەنگەن باش كاھىن ئۆلۈپ كەتكۈچە ئۇ شۇ شەھەردە تۇرسۇن.
[26] لېكىن تاسادىپىيلىقتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشى ئەگەر قېچىپ
بېرىۋالغان پاناھلىق شەھىرىنىڭ تەۋەسىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا،
[27] شۇنداقلا قان قىساس ئالغۇچى كىشى ئۇنى پاناھلىق شەھىرىنىڭ
پاسىللىرىنىڭ سىرتىدا ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا،
ئۇنداقتا قان قىساس ئالغۇچى قان تۆكۈش گۇناھىنى تارتمايدۇ؛
[28] چۈنكى تاسادىپىيلىقتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشى ئەسلىدە
باش كاھىن ئۆلۈپ كەتكۈچە پاناھلىق شەھىرىدە تۇرۇشى كېرەك
ئىدى؛ باش كاھىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆز تەۋەلىكى بولغان
زېمىنغا قايتىپ بارسا بولىدۇ.
[29] — بۇلار سىلەر تۇرۇشلۇق ھەممە يەردە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد قانۇن-
بەلگىلىمىلەر بولسۇن.
[30] باشقا بىرسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى بولسا، بىرنەچچە گۇۋاھچىنىڭ
گۇۋاھلىقىدىن كېيىن ئاندىن ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ؛ لېكىن پەقەت
بىرلا گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى بولسا، ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى
بولمايدۇ.
[31] ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرگە، يەنى قەستەن ئادەم
ئۆلتۈرگەنلەر ئۈچۈن سىلەر ھېچقانداق تۆلەم پۇلىنى قەتئىي قوبۇل
قىلماڭلار؛ ئۇنداق كىشى جەزمەن ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك. [32] شۇنىڭدەك
پاناھلىق شەھەرگە قېچىپ بېرىۋالغان كىشى ئۈچۈن باش كاھىن ئۆلۈپ
كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆز يېرىگە قايتىپ كېلىۋېلىشىغا ھېچقانداق
تۆلەم پۇلىنى قەتئىي قوبۇل قىلماڭلار.
[33] شۇنداق قىلساڭلار، ئۆزۈڭلار تۇرغان زېمىننى بۇلغىغان بولمايسىلەر،
چۈنكى قان زېمىننى بۇلغايدۇ؛ زېمىندا تۆكۈلگەن قانغا دەل شۇ
قاننى تۆككەن كىشىنىڭ ئۆز قېنىدىن باشقا ھېچقانداق كەفارەت
كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. [34] ئۆزۈڭلار ئولتۇرغان زېمىننى، يەنى مەن

**30:35** قان. 6:17؛ 15:19

ئۆزۈم ماكان قىلغان زېمىننى بۇلغىماڭلار؛ چۈنكى مەن پەرۋەردىگار
ئىسرائىللار ئارىسىدا ماكان تۇتقۇچىدۇرمەن.

## ئايال مىراسخورنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشى توغرىسىدىكى نىزام

36 [1] يۇسۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەتلىرىدىن ماناسسەھنىڭ
نەۋرىسى، ماكىرنىڭ ئوغلى گىلېئادنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ
جەمەت باشلىقلىرى مۇسا ۋە ئىسرائىللارنىڭ كاتتىلىرى بولغان
ئەمىرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: — [2] «پەرۋەردىگار
ئىلگىرى غوجامغا چەك تاشلاپ زېمىننى ئىسرائىل خەلقىگە مىراس
قىلىپ تەقسىم قىلىپ بېرىشنى بۇيرۇغان؛ غوجامۇ پەرۋەردىگارنىڭ
قېرىندىشىمىز زەلوفىھادنىڭ مىراسىنى ئۇنىڭ قىزلىرىغا تەقسىم
قىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنىمۇ ئالغان. [3] لېكىن، ئۇلار
ئىسرائىللارنىڭ باشقا قەبىلىسىدىكىلەرگە ياتلىق بولۇپ كەتسە،
ئۇلارنىڭ مىراسىمۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مىراسىدىن چىقىپ
ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ قەبىلىسىنىڭ مىراسىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ؛
ئۇنداق بولغاندا بىز چەك تاشلاپ ئېرىشكەن مىراس تۆگەيدۇ.
[4] ئىسرائىللارنىڭ «ئازادلىق يىلى» كەلگەندە ئۇلارنىڭ مىراسى
ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ قەبىلىسىنىڭ مىراسىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ؛
بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ مىراسى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ
مىراسىدىن ئېلىپ كېتىلىدۇ».
[5] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بويىچە ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ
مۇنداق ئەمر قىلىپ: — يۇسۇپ قەبىلىسىدىكىلەر توغرا

**2:36** چۆل. 55:26، 56؛ 7:27؛ 54:33؛ يە. 3:17، 4

**4:36 «ئازادلىق يىلى»** — ئەسلىدە ئىبرانىي تىلىدا «بۇرغا (چىلىش) يىلى» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن، ئۇنىڭ چۈشەنچىسى تېزلا «ئازادلىق يىلى»، «شادلىق يىلى» دېگەنگە ئۆزگەردى. «لاۋ.» 25-باب، بولۇپمۇ 10:25 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

ئېيتىدۇ. [6]زەلوفھادنىڭ قىزلىرى توغرىسىدا پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى مۇنداق: «ئۇلار ئۆزلىرى خالىغان ئەرگە ياتلىق بولسا بولۇۋېرىدۇ، لېكىن ئۆز جەمەتى، ئۆز ئاتا قەبىلىسىدىن بولغان بىرىگە ياتلىق بولۇشى كېرەك. [7]شۇنداق بولغاندا ئىسرائىللارنىڭ مىراسى بىر قەبىلىدىن يەنە بىر قەبىلىگە يۆتكىلىپ كەتمەيدۇ؛ ئىسرائىللارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبىلىسىنىڭ مىراسىنى چىڭ تۇتۇپ قويۇپ بەرمەسلىكى كېرەك. [8]ئىسرائىللارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ مىراسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن مىراسقا ۋارىسلىق قىلغان ھەربىر قىز-ئايال ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبىلىسىدىن بولغان بىرسىگە ياتلىق بولۇشى كېرەك. [9]مۇشۇنداق بولغاندا، ئىسرائىللارنىڭ مىراسى بىر قەبىلىدىن يەنە بىر قەبىلىگە يۆتكىلىپ كەتمەيدۇ؛ چۈنكى ئىسرائىل قەبىلىلىرى ئۆز مىراسىنى قولىدىن بەرمەسلىكى كېرەك، — دېدى.

[10]پەرۋەردىگار مۇساغا قانداق ئەمر قىلغان بولسا، زەلوفھادنىڭ قىزلىرىمۇ شۇنداق قىلدى. [11]زەلوفھادنىڭ قىزلىرىدىن ماھلاھ، تىرزاھ، ھوگلاھ، مىلكاھ ۋە نوئاھلار ئۆز تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق بولدى. [12]ئۇلار يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسەھنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە ياتلىق بولدى؛ ئۇلارنىڭ مىراسى يەنىلا ئاتىسىنىڭ قەبىلىسى ئىچىدە قالدى.

[13]بۇلار پەرۋەردىگار يېرىخونىڭ ئۇدۇلىدا، ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىدىكى موئاب تۈزلەڭلىكلىرىدە مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسرائىللارغا بۇيرۇغان ئەمرلەر ۋە ھۆكۈملەردۇر.

---

**11:36** چۆل. 1:27

# قوشۇمچە سۆز

## بىز «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر»دىن قايسى ساۋاق، قايسى ئىبرەتلەرنى ئالىمىز؟

«كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» دېگەن كىتاب خۇدانىڭ توختاۋسىز كۆرسەتكەن شاپائەتلىرى ۋە مۆجىزىلىك تەمىنلەشلىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان شۈكۈرسىزلىك، ئىشەنچسىزلىك ۋە ئاسىيلىقنى خاتىرىلىگەن بىر تارىختۇر. بۇنىڭدىن ئىسرائىلنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى ئادەملەرنى زىيادە رەزىل ياكى شۇ دەۋرنى ئىنتايىن قەبىھ بىر دەۋر ئىكەن، ھېچبولمىغاندا بىز ئۇلاردىن ياخشىكەنمىز، دېگەن خۇلاسىگە كېلەمدۇق؟

بىز شۇنداق بىر خۇلاسىگە قەتئىي كەلمەسلىكىمىز كېرەك. كىم بىلىدۇ، بىز ئوخشاش ئەھۋاللار ئاستىدا نېمە ئىشلارنى قىلاتتۇقكىن؟ دەرۋەقە، بىز يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ تەلىمىدىن شۇنداق چۈشىنىشىمىز كېرەككى، «قەلب ھەممىدىن ئالدامچى، ئۇنىڭ داۋاسى يوقتۇر. كىممۇ ئۇنى چۈشىنەلىسۇن؟» («يەر.» 9:17). ئىسرائىل ئۆز گۇناھىدا كۆرۈنگىنىدە باشقا ئىنسانلاردىن بەتتەر بولغان ئەمەس، بەلكى «خۇدانىڭ قانۇن-ئەمرلىرىنىڭ سىناشلىرى ۋە تەكشۈرۈشلىرى ئاستىدا (پاش قىلىنغان) ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەۋرىشكىسى بولغان، خالاس» دېگىنىمىز توغرۇك. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە يوشۇرۇن بولۇپ كەلگەن نۇرغۇن گۇناھ ۋە ئىشەنچسىزلىك ئەسلىدە بار ئىدى، شۇنداقلا «نورمال ئەھۋالدا» ئۇلار داۋاملىق يوشۇرۇن قالاتتى؛ خۇدانىڭ ئىسرائىلغا تاپشۇرغان قانۇن ئەمرلىرى بولسا شۇ يوشۇرۇن گۇناھ ۋە ئىشەنچسىزلىكنى پاش قىلىش قورالى بولغان، خالاس («رىم.» 13:7، «گال.» 24:3-25). ئەگەر خۇدانىڭ ھېچقانداق سىنىقى بولمىسا، مۇشۇنداق گۇناھلار يوشۇرۇن قىلىۋېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك تارىخىدىن پايدىلىنىپ، ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىمىزنىڭ ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئىشلىرىدا ئەكس ئېتىلگەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك.

قەدىمكى زاماندىكى بىر ئالىم مۇنداق دېدى: ــ «خۇدا ئۇچۇن ئۆز خەلقىنى مىسىردىن چىقىرىش ئاسان گەپ، لېكىن ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىدىن مىسىرنى

چىقىرىش (مىسىرغا باغلىق ئارزۇ-ھەۋەسلەر، گۇناھلار ۋە بۇتپەرەسلىكنى چىقىرىش) ئىنتايىن تەس بولدى!». ئۆز خەلقىنى مىسىردىن قۇتقۇزۇشتا پەقەت جىسمانىي مۆجىزىلەرلا كېرەك ئىدى. لېكىن قەلبىمىز، روھىمىزنى ئۆزگەرتىپ پاكلاپ ساپ قىلىش روھىي مۆجىزىدۇر؛ بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈشى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىشى كېرەك ئىدى. خۇداغا مىڭ تەشەككۈر، بۇ ئۇلۇغ ئىش بارلىق ئېتىقاد قىلغانلار ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان رېئاللىقتۇر!

ئېتىقاد قىلغان بولساق، روسۇل پاۋلۇسنىڭ مەزكۇر كىتابتا خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە توختالغان سۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلەيلى: —

«چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، مەن سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇلۇت ئاستىدا يۈرگەنلىكىدىن ۋە ھەممىسىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ماڭغانلىقىدىن خەۋەرسىز يۈرۈشۈڭلارنى خالىمايمەن؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇلۇتتا ھەم دېڭىزدا مۇسانىڭ يېتەكچىلىكىگە چۆمۈلدۈرۈلگەن؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش روھىي تائامنى يېگەن، ھەممىسى ئوخشاش روھىي ئىچىملىكنى ئىچكەن؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئەگىشىپ يۈرگەن روھىي ئۇيۇلتاشتىن ئىچەتتى (ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ ئۇيۇلتاش مەسىھنىڭ ئۆزى ئىدى)؛ شۇنداقتىمۇ، خۇدا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن رازى بولمىغانىدى؛ چۈنكى خۇدانىڭ جازاسى بىلەن «ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى چۆل-باياۋاندا چېچىلىپ قالغان».

ئەمما بۇ ئىشلار بىز ئۇلارنىڭ بېشىغا بىزلەرگە مىسال-بېشارەت بولسۇن ئۈچۈن چۈشكەنىدى؛ بۇنىڭدىن مەقسەت بىزنىڭ ئۇلارنىڭ يامان ئىشلارغا ھەۋەس قىلغىنىدەك ھەۋەس قىلماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر. سىلەر يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئوخشاش بۇتقا چوقۇنىدىغانلاردىن بولماڭلار؛ بۇلار توغرۇلۇق: «خەلق يەپ-ئىچىشكە ئولتۇردى، ئاندىن كەيپ-ساپاغا تۇردى» دەپ پۈتۈلگەن. بىز يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇزۇقلۇق قىلغىنىدەك بۇزۇقلۇق قىلمايلى؛ چۈنكى شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىن يىگىرمە ئۈچ مىڭ كىشى بىر كۈندىلا ئۆلدى. يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەسىھنى سىنىغىنىدەك مەسىھنى سىنىمايلى؛ چۈنكى شۇ سەۋەبتىن ئۇلار يىلانلار چېقىشى بىلەن ھالاك بولدى. يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاغرىنغاندەك ئاغرىنىپ قاقشىماڭلار

ـ نەتىجىدە، ئۇلار جان ئالغۇچى پەرىشتە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەمدى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بېشىغا بېشارەتلىك مىساللار سۈپىتىدە چۈشكەن ۋە ئاخىرقى زامانلار بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بىزلەرنىڭ ئۇلاردىن ساۋاق-ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن خاتىرىلەنگەندى. شۇنىڭ بىلەن «مەن چىڭ تىرەپ تۇرماقتىمەن» دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن ھېزى بولسۇن!» («1كور.» 10:1-12).

## زىنا قىلدى دەپ ئەرز قىلىنغان ئايالنى «لەنەت كەلتۈرىدىغان ئەلەم سۈيى» بىلەن سىناش ئۇسۇلى ۋە نىزامىدا (5:11-31) — باراۋەرسىزلىك بارمۇ-يوق؟

بەزىلەر بۇ نىزام بەلگىلىمىنى ئوقۇپ: «نېمىشقا بۇنداق سىناش پەقەت ئايال كىشىلەرگىلا ئىشلىتىلگەن؟ ئايال كىشى ئۆز ئېرى توغرۇلۇق «ئۇ زىنا قىلدى» دەپ گۇمانلانغان بولسا، بۇ سىناش ئۇسۇلىنى نېمىشقا ئەرگە تەتبىقلاشقا بولمايدۇ» دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ سوئال «تەۋرات-ئىنجىلغا ئاساسەن، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت قانداق بولۇشى كېرەك؟» دېگەن تېخىمۇ كەڭ سوئالنىڭ بىر قىسمىدۇر؛ مۇشۇ يەردە بىز ئۇنىڭغا پەقەت بىر قىسمەن جاۋاب بېرەلىشىمىز مۇمكىن. ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنى ئېنىق بايان قىلىشىمىز كېرەككى، تەۋرات ھەم ئىنجىلدىكى تەلىمگە ئاساسەن «ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ بىر خىل تەئەللۇقاتى، خالاس»، دېگەن ئۇقۇم قەتئىي چەتكە قېقىلىدۇ. قىز-ئايال كىشىنىڭ سالاھىيىتى ۋە قىممىتى مۇساۋى چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس قانۇن ئالدىدا، ئىنجىلدىكى تەلىم ئالدىدا ئەر كىشىنىڭكىگە ئوپئوخشاش. مەسىلەن، تەۋرات بويىچە ئايال كىشىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ۋە ئەر كىشىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئوخشاشلا ئۆلۈم جازاسىنى تارتاتتى.

ئىنجىلدا ئەر-خوتۇنلۇق توغرىسىدىكى بېرىلگەن تەلىم بويىچە ئايال كىشى مەسىھگە ئەگىشەي دېسە، بىرىنچى مەسئۇلىيىتى رەبنىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇش، ئىككىنچىدىن ئېرىگە بويسۇنۇشتۇر؛ ئېرىگە بويسۇنماسلىقنىڭ پەقەت بىر توغرا سەۋەبى

بار؛ مۇبادا ئېرى ئۆزىدىن بىرەر نائەخلاق ياكى سەممىيەتسىزلىك قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ بويسۇنمايدۇ. باشقا نورمال ئەھۋاللاردا بويسۇنۇش ئۇنىڭ بۇرچىدۇر. بۇ ئىشلار بىز «كورىنتلىقلارغا»(1)»دىكى ئىزاھاتلار ۋە «قوشۇمچە سۆز»دە سەل تەپسىلىيراق توختىلىمىز. مانا بۇ ھازىرقى سوئالدىن كەڭرەك سوئالدۇر.

مۇشۇ يەردە «قارغىش كەلتۈرگۈچى ئەلەم سۈيى» دېگەن مەسىلىدە ئىككىنچى بىر مەسىلىنى، يەنى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تاپشۇرۇلغان قانۇننىڭ مەقسىتى ۋە چەكلىملىرى توغرۇلۇق بىر مەسىلىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، ئىنجىلدا رەببىمىز ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە، ئەر-خوتۇنلۇق توغرۇلۇق پەقەت ۋاپاسىزلىق، بۇزۇقلۇق قىلىش سەۋەبىدىن باشقا، ئۆز جورىسىغا تالاق بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ. شۇڭا پەرىيسىلەر بۇنى بىلىپ ئۇنىڭدىن «ئۇنداقتا، مۇسا پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىدا ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا تالاق خېتىنى بەرسىلا، ئۇنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ، دەپ بۇيرۇغان؟» ــ دەپ سوراشتى. جاۋابەن رەببىمىز تەۋراتتىكى قانۇننىڭ چەكلىملىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: ــ

«تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن مۇسا پەيغەمبەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان؛ لېكىن ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا بۇنداق ئەمەس ئىدى» («مات.» 8:19).

مۇقەددەس قانۇن مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تاپشۇرۇلغان چاغدا خۇدانىڭ مەسىھدە بولغان تولۇق نىجاتى تېخى نازىل قىلىنغان ئەمەس ـ شۇ چاغدا مەسىھ تېخى ئۆلمىگەچكە، مۇقەددەس روھ تېخى كەلمىگەن. بىز ھازىر باشقىچە بىر دەۋردە بولۇپ، خۇدانىڭ شاپائەتلىك روھى ئېتىقاد قىلغۇچىلاردا ئىشلىگەچكە: «خۇدانىڭ گۈزەل خاھىشى بويىچە سىلەرنىڭ ئىرادە تىكلىشىڭلارغا ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا ئىچىڭلاردا ئىشلىگۈچى ئۇنىڭ ئۆزىدۇر» («فىل.» 13:2). ئېتىقاد قىلساق، خۇدا بىزدىن «تاش يۈرەك»نى ئېلىپ تاشلاپ بىزگە «مېھرىبان بىر قەلب» ئاتا قىلىدۇ («ئەز.» 19:11، 26:36). شۇنىڭ بىلەن خۇداغا مىڭ تەشەككۇر، ئۇنىڭ بارلىق، تولۇق ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشقا كۈچ-قۇدرىتىمىز باردۇر.

ھالبۇكى، خۇدا مۇسا ئارقىلىق شۇ قانۇننى تاپشۇرغان ئىسرائىل شۇنداق ئەمەس ئىدى. خۇدا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ قاتتىقلىقىنى ئوبدان بىلەتتى؛ ئەر كىشىلەرگىمۇ

ئوخشاش بىر سىناق ئۇسۇلى بىكىتىلگەن بولسا تولىمۇ ئادىل بولاتتى، لېكىن ئۇ شۇنداق بېكىتكەن بولسىمۇ، ئىسرائىل ئوخشاشلا شۇنداق بەلگىلىمىگە قەتئىي رىئايە قىلمايتتى ۋە ياكى ئۇنى بۇراپ بارلىق مەنىسىنى ۋە مەزمۇنىنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى («زەب.» 126:119، «مار.» 13:7). كۆپ سەۋەبلەر ئىچىدە مانا بۇ شۇنداق بەلگىلىمە بېرىلمىگەنلىكىنىڭ ئادديي بىر سەۋەبى بولىدۇ.

گەرچە ئايال كىشىلەرگە باغلانغان 11:5-31دە تاپشۇرۇلغان بەلگىلىمە يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك چەكلىك بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ دانالىقى تولىمۇ كۆچلۈك ئىدى. چۈنكى بۇ بەلگىلىمە ئايال كىشىلەرنى ئەر-ئاياللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ زەھەرلىك ۋە خەتەرلىك ئامىللاردىن بىرى بولغان ھەسەتخورلۇقتىن، شۇنداقلا ھەسەتخورلۇقتىن دائىم چىقىدىغان زوراۋانلىق مۇئامىلىدىن قوغداش تەدبىرى ئىدى. پەرۋەردىگارنىڭ شاپائىتى ھەم ۋەدىسىدە تۇرغانلىقىغا تولىمۇ ئىشەنگەن ئىخلاسمەن بىر ئايال كىشى ئادالەتسىزلىكتىن «زىنا قىلغان» دەپ ئەرز قىلىنغان بولسا، ئۆزى شۇنداق بىر سىناقنى ئۆتكۈزسۇن دەپ تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئېرى رەت قىلسا («كۈنداشلىق «ئاشلىق ھەدىيەسى»» ئۈچۈن ئۇن چىقارغۇچى شۇ ئەر كىشى بولاتتى، ئەلۋەتتە) ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئايالى شەھەردىكى ئاقساقال-سوتچىلاردىن ئېرىنىڭ شىكايەتنى توختىتىشىنى تەلەپ قىلاتتى. مۇبادا ئەر كىشى: «ۋاي-ۋۇي، چۆلدىكى ئازراق توپا ئارىلاشقان سۇنى ئىچكەنگە، ئۇنىڭغا ھېچ زىيان يەتمەيدۇ، بۇ سىناق ھېسابلانمايدۇ!» دېسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ خۇداغا ئىشەنمىگۈچى كاپىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ. چۈنكى خۇدا ئۆزى بېكىتكەن سىناققا «كىمنىڭ گۇناھى بار، كىمنىڭ گۇناھى يوقلۇقىنى ئىسپاتلايمەن» دېگەن ۋەدىسىنى قوشقاندى.

مۇسا پەيغەمبەر سۇ چىقىرىش ئۈچۈن قورام تاشنى ئۇرغاندا، خۇدا ئۇنى ئەيىبلەپ: «مېنى جامائەتنىڭ ئالدىدا مۇقەددەس دەپ ھۆرمەتلىمىدىڭلار» دەپ، ئۇنىڭ گۇناھىغا بەرگەن جازا نېمىشقا

## شۇنداق قاتتىق بولدى؟ («چۆل.» 20:1-13)

بىز بۇ ئىشنى خاتىرىلىگەن مۇنۇ ئايەتلەرنى قايتىدىن ئوقۇيلى: —

«پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ ھاسىنى قولۇڭغا ئال، ئاندىن سەن ئاكاڭ ھارۇن بىلەن بىرلىكتە جامائەتنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا قورام تاشقا بۇيرۇق قىل؛ شۇنداق قىلساڭ قورام تاش ئۆز سۈيىنى چىقىرىدۇ؛ شۇ يول بىلەن سەن ئۇلارغا سۇ چىقىرىپ، جامائەت ۋە چارپايلىرى ئىچىدىغان سۇ بېرىسەن.

شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىن ھاسىنى ئالدى. مۇسا بىلەن ھارۇن ئىككىسى جامائەتنى قورام تاشنىڭ ئالدىغا يىغدى ۋە مۇسا ئۇلارغا: ــ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، ئى ئاسىيلار! بىز سىلەرگە بۇ قورام تاشتىن سۇ چىقىرىپ بېرەيلىمۇ؟! ــ دېدى. ئاندىن مۇسا ھاسىسى بىلەن قورام تاشنى ئىككى قېتىم ئۇرۇۋىدى، ناھايىتى كۆپ سۇ ئېقىپ چىقتى، سۇدىن جامائەتمۇ، چارۋا چارپايلارمۇ ئىچىشتى. پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا: ــ

سىلەر ماڭا ئىشەنمەي، ئىسرائىللار ئالدىدا مېنى مۇقەددەس دەپ ھۆرمەتلىمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنىڭ بۇ جامائەتنى مەن ئۇلارغا تەقدىم قىلىپ بەرگەن زېمىنغا باشلاپ كىرىشىڭلارغا يول قويمايمەن، ــ دېدى».

مۇسا پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە قايسى تەرەپلەردە پەرۋەردىگارغا ئىتائەتسىزلىك قىلغان؟ بىرىنچىدىن، خۇدا («مىس.» 17:6دە خاتىرىلەنگەن) ئىلگىرىكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا «قورام تاشنى ئۇرغىن» دېگەن ئەمەس، بەلكى «ئۇنىڭغا سۆز قىلغىن» دەپ بۇيرۇغان. مۇسا ئۇنداق قىلمىدى. بۇنىڭغا قاراپ خۇدا ئۇنىڭغا «سىلەر ماڭا ئىشەنمىدىڭلار» دەپ ئەيىبلىدى.

ئىككىنچىدىن، گەرچە خەلق شۇنداق قاقشاپ ئاغرىنغان ۋە ئۆزىدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، مۇقەددەس يازمىلاردىن قارىغاندا خۇدا شۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا غەزەپلەنگەن ئەمەس. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن مۇسا ئۆزى غەزەپلەندى («زەب.» 106:32).

ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرۋەردىگارنىڭ: «سىلەر ماڭا ئىشەنمەي، ئىسرائىللار ئالدىدا مېنى مۇقەددەس دەپ ھۆرمەتلىمىگەنسىلەر» دېگەن سۆزلىرىدىن قارىغاندا مۇسانىڭ ئىتائەتسىزلىكىدە يۇقىرىقى ئىككى ئىشتىن تېخىمۇ ئېغىر بىر گۇناھى بولغان بولۇشى كېرەك. بۇ سۆزلەر مۇسا بىلەن ھارۇنغا ئېيتىلغان، بولۇپمۇ مۇسانى كۆرسىتىشى كېرەك. ئەمدى پەرۋەردىگارنى «مۇقەددەس دەپ ھۆرمەتلەش» دېگەن ئۇقۇمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىشىمىز كېرەك. تەۋراتنىڭ باشقا يەرلىرىدە كۆرسەتكىنىمىزدەك، «مۇقەددەس» دېگەننىڭ بىرىنچى تەرەپلىرى باردۇر. خۇدانىڭ ئۆز شەخسىدە بارلىق ياراتقان مەۋجۇداتلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈن قانداقتۇر بىر خىل ساپلىق، پاكلىق، مۇكەممەللىك باردۇر، ئۇ ھەردائىم «ئايرىم» تۇرىدۇ. ئۇ يەشايا پەيغەمبەرگە مەبۇدلار توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا:

«مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن؛ مېنىڭ نامىم شۇدۇر؛
شان-شەرىپىمنى باشقا بىرسىگە،
ياكى ماڭا تەۋە بولغان مەدھىيىنى ئويۇلغان مەبۇدلارغا بەرمەيمەن»

دېگەن («يەش.» 8:42).

بۇتلارنى چەتكە قاقىدىغان بۇ سۆز خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى ئۆزىنىڭكى قىلماقچى بولغان ئىنسانلارنىمۇ ئوخشاش چەتكە قاقىدۇ. مۇقەددەس روھ خۇدا قىلغان ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىنسانلارنىڭ «مەن قىلغان» دېگەندەك مەغرۇرلۇقىغا قەتئىي يول قويمايدۇ. لېكىن بىزنىڭ كۆزقارىشىمىزچە مۇسا پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە دەل شۇ ئىشنى قىلغان ئوخشايدۇ. ئۇ: «گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، ئى ئاسىيلار! بىز سىلەرگە بۇ قورام تاشتىن سۇ چىقىرىپ بېرەيلىمۇ؟!» دېدى.

ئۇ قانداقسىگە: ــ (1) ئۆزى بىلەن ھارۇنلارنى «سۇ بەرگۈچىلەر» دەپ كۆرسەتسۇن؟ (2) ئۆزىنى ۋە بەلكىم ھارۇننىمۇ خۇدانىڭ ئۆزىگە شېرىك قىلىپ «بىز» دېسۇن؟ بۇ «شېرىك قىلىش» كۇپۇرلۇق گۇناھى ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ، مۇسا ۋە ھارۇننىڭ «مېنى مۇقەددەس دەپ ھۆرمەتلىمىگەن»لىكى ئىدى.

روھىي يېتەكچىلىك مەسئۇلىيىتى بارلار خۇدانىڭ پادىسى بولغان ئاددىي مۆمىن بەندىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا، خۇدا تەرىپىدىن ئېغىرراق جازا-تەربىيىلەرنى كۆرىدۇ («ياق.» 1:3). شۇ جازا-تەربىيىلەرنىڭ بىر قىسمى بەزى ۋاقىتلاردا خۇدانىڭ

قوزلىرى پۈتلاشتۇرۇلماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چۇشۇرىلىدۇ. مۇشۇ يەردىمۇ شۇنداق. مۇسانىڭ ناچار ئۆلگىسى بىلەن ئىسرائىللار گۇناھقا پاتقۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئوچۇق جازالىنىدۇ.

گەرچە شۇ ۋاقىتتا مۇساغا زېمىنغا كىرىشكە يول قويۇلمىغان بولسىمۇ، خۇدا كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تەلەپ-تەشنانى ئىجابەت قىلغان. بىر مىڭ بەش يۈز يىلدىن كېيىن مۇسانىڭ روھى «جۇلالىقتا كۆرۈنۈش» تېغى (بەلكىم پەلەستىندىكى «ھەرمون تېغى»)دا مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلدى. شۈبھىسىزكى، شۇ چاغدا مۇسا خالىغان بولسا، ئۇ خۇدا ۋەدە قىلغان زېمىنغا ياخشى قارىۋالغان بولاتتى. ئەمما بارلىق شەرىپى ئىچىدە كۆرۈنگەن خۇدانىڭ ئۆز ئوغلى بىلەن روبىرو دىدارلىشىش ھەم سىردىشىشتەك قىممەتلىك پۇرسەتكە مۇيەسسەر بولغاچقا، بىزنىڭچە شۇ چاغدا ئۇنىڭ شۇ زېمىنغا قارىغۇسى يوق دېيەرلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى («مات.» 17:1-13، «مار.» 9:1-12، «لۇقا» 9:26-36).

«خۇداغا شان-شەرەپ بەرمەسلىك»تىكى يەنە بىر قورقۇنچلۇق مىسال «روس.» 1:21-23دە ئۇچرايدۇ.

## (22-24-بابلار) بىئورنىڭ ئوغلى بالائام — ئۇ كىم؟ خۇدا ئۇنى نېمىشقا شۇنداق ئېغىر جازالىدى؟

بالائامنىڭ تارىخى، بالاق پادىشاھنىڭ ئۇنى ئىسرائىللارنى قارغاش ئۈچۈن ياللىغىنى تەۋراتتىكى ئەڭ غەلىتە بايانلاردىن بىرى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا بىرىنچى سىر — بالائام ئۆزىدۇر، — ئۇ زادى قانداق ئادەم؟

«يەشۇ.» 13:22دە بالائام «پالچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى بۇتپەرەسلەر ئۈچۈن پال-دەم سالىدىغان سېھىرگەر ئىدى. شۇ دەۋردىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ كۆزقارىشىچە، ھەرخىل ئىلاھلارنىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسى ياكى باشقۇرىدىغان زېمىنى بولغان (كۆپ يەرلەردە خەنزۇلارنىڭ تۇتقان بۇددىزمى دەل شۇنداق ئۇقۇمدىدۇر)؛ خەلقلەرنىڭ قارىشىچە، بالائامدەك بىر كۈچلۈك پالچى ھەرخىل ئىلاھلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. بىرسى باشقىلارنى قارغاشنى ياكى باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئويلىسا، شۇ كىشىگە پاناھ ياكى مۇھاپىزەتچى

بولغان ئىلاھ بىلەن ئالاقە قىلىپ، شۇ ئىلاھنى شۇنداق قىلىشقا مايىل قىلىش كېرەك؛ بولمىسا قارغاش يولى كارغا كەلمەيتتى. «مايىل قىلىش» جەريانى تۈرلۈك ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش، شۇنداقلا بالائام توغرىسىدىكى باياندا ئۇقۇغىنىمىزدەك (1:23-4نى كۆرۈڭ)، شۇنى قىلىشتا مۇۋاپىق جاينى تېپىش كېرەك ئىدى. بالائام ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئىسرائىلنى قارغاپ پۇل تاپماقچى بولسا، پەرۋەردىگارنى شۇ ئىشنى قىلىشقا مايىل قىلىش كېرەك دەپ چۈشىنەتتى. بالائامنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ دەسلەپتە پەرۋەردىگارنى كۆپلىگەن ئىلاھلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى خالاس، دەپ بىلگەن؛ ئۇنىڭ ئاسمان-زېمىننى ياراتقان پەرۋەردىگاردىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلۇقى توغرىسىدا خەۋىرى يوق ئىدى. ئىنجىلدا ئايان قىلىنغاندەك، پەرۋەردىگاردىن باشقا «ئىلاھلار» بولسا، پەقەت ئادەملەرنى ئۆزلىرىگە ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنۇشقا ئالدايدىغان جىنلاردىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە. دەرۋەقە بالائام ئىسرائىلنى قارغاشتىكى يولنى ئىزدىگىنىدە، ئۇ تېزلا پەرۋەردىگارنىڭ بىردىنبىر «ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندى (18:22دە ئۇ «پەرۋەردىگار خۇدايىم» دەيدۇ).

بالاقنىڭ ئەلچىلىرى ئىككىنچى قېتىم ئۇنى ئەكېلىشكە بارغاندا (ئارىلىق 150 كىلومېتر ئىدى) خۇدا ئۇنى سىنايدۇ. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئىسرائىلنى قارغاش يولىنى ئىزدەمدۇ-يوق؟ خۇدا ئاللىقاچان ئۇنىڭغا ئىسرائىل خەلقىنى قارغاشقا بولمايدىغانلىقىنى روشەن ئايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ دەرۋەقە يەنىلا خۇدادىن يەنە شۇ ئىش توغرۇلۇق سورايدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن مۇنۇ سۆزلەر چىقىدۇ: «خۇدا ئىنسان ئەمەستۇر، ئۇ يالغان ئېيتمايدۇ، ياكى ئادەم بالىسىمۇ ئەمەستۇر، پۇشايمان قىلمايدۇ» (19:23). ئۇنىڭ شۇنى بىلىپ تۇرۇپ خۇدادىن قارغاش يولىنى سورىشى خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ؛ ئەمما خۇدا ئۇنىڭغا ئىجازەت تەرىقىسىدە: «ئۇ كىشىلەر سېنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە بارغىن، لېكىن سەن مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغانلىرىم بويىچە ئىش قىلىشىڭ كېرەك» ـ دەيدۇ. خۇدا ئەمەلىيەتتە ئۇنى ۋە بالاقنى ئوچۇق جازالاپ، ئۆز قۇدرىتىنى، شۇنداقلا ئىسرائىلغا بولغان مۇھەببىتىنى كۆرسەتمەكچى ئىدى. شۇڭا بۇ پەقەت بىر ئىجازەت، ئەمر ئەمەس ئىدى. پۇلغا كۆزى قىزىرىپ، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ خۇدادىن: «ئۆز نىيىتىڭدىن يانغايسەن» دەپ تىلەش ئىنتايىن

خەتەرلىك ئىش بولدۇ. چۈنكى بالائامنىڭ كۆڭلىدە پۇلپەرەسلىكتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. ئۇ خۇدانىڭ خىزمەتكارى ئەمەس. شۇڭا ئىنجىل بىزگە «بالائامنىڭ يولى» («2پېت.» 15:2) ۋە «بالائامنىڭ ئازغان يولى» («يەھ.» 11) توغرۇلۇق قاتتىق ئاگاھلاندۇردۇ. مۇشۇ «يول» «خۇدانىڭ يولدا ماڭمەن» دەپ تۇرۇپ، پۇل-مەنپەئەتنى كۆزلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. بۇنداق يولدا مېڭىش رەببىمىزنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بالائام بالاق بىلەن كۆرۈشۈشكە كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئېشىكىنى زۇۋانغا كەلتۈرۈپ، بالائامنىڭ شۇ گۇناھىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. بۇ ۋەقە ئارقىلىق بالائام خۇدانىڭ ئۇنىڭغا «ئېشىكىڭنىڭ روھىي كۆزلىرى بار، لېكىن سېنىڭدە يوق!» دېگەندەك ئاگاھىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى (ئېشەك پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنى كۆردۇ، بائالام كۆرمەيدۇ).

بالائام بالاق تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغاندىن كېيىن خۇدانىڭ روھىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىسرائىل توغرۇلۇق تۆت قېتىم بېشارەت بېرىپ، ئۇلارنى خۇدا تەرىپىدىن نۇرغۇن بەخت-بەرىكەت كۆردۇ، دەيدۇ. تۆتىنچى قېتىملىق بېشارىتىدە ئۇ ھەتتا ئاخىرقى زامانلار ۋە مەسىھنىڭ كېلىشى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. بالاق بالائامغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، ھەر ئىككىسى ئۆز يولىغا ماڭىدۇ. ھالبۇكى، كېيىن موئابىي قىز-ئاياللار بىلەن مىديانىي قىز-ئاياللار بىرلىشىپ ئىسرائىل ئەركەكلىرىنى بۇزۇقلۇققا، ئاندىن بۇتپەرەسلىككە ئېزىقتۇرغانلىقىنى بايقايمىز (25:1-3). شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ غەزىپى ئىسرائىلنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. مەزكۇر كىتابتا، 8:31دە بالائامنىڭ مىديانىلار ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى بايقايمىز. مىديانىلارنىڭ بولسا، يۇقىرىدا بايقىغىنىمىزدەك موئابىيلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. 16:31دە مىديانىي قىز-ئاياللارنىڭ ئىسرائىللارنى ئېزىقتۇرۇشنى ئەسلىدە بالائامنىڭ ئەقلى ئىكەن، دەپ ئۇقىمىز: —

«قاراڭلار، دەل شۇلار بالائامنىڭ ھىيلە-مەسلىھەتى بىلەن پېئوردىكى ئىشتا ئىسرائىللارنى پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھقا پاتقۇزۇشى بىلەن، پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە ۋابا ياغدۇرۇلغان ئەمەسمۇ؟»

بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، بالائام ئۆزىنىڭ ئىسرائىلنى قارغىيالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ (چۈنكى خۇدا ئۇلار ئۈچۈن بەخت-بەرىكەت بېكىتكەنىدى)، ئۇ يەنىلا ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈشكە رەزىل بىر تەدبىرنى ئويلاپ چىقتى. ئەگەر ئىسرائىللار ئۆزلىرى خۇداغا ئىتائەتسىزلىك قىلىشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇقەددەس نامىنى بۇلغاشقا ئېزىقتۇرۇلسا، ئۇنداقتا ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ قارغىشى ئاستىدا قويغان بولاتتى. مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئۇ مۇشۇ تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بالاقنىڭ يېنىغا قايتقان بولسا كېرەك، ۋە شۈبھىسىزكى، ئۇ مۇناسىپ بىر تارتۇقنا ئىگە بولدى. شۇڭا ئاخىر بېرىپ، مۇسا مىديانىيلاردىن خۇدا بۇيرۇغان ئىنتىقامنى ئالغاندا بالائامنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلتۈرۈلۈشى تولىمۇ مۇۋاپىق ئىدى (8:31).

رەببىمىز ئەيسا ئىنجىلنىڭ «ۋەھىي» دېگەن ئاخىرقى قىسمى بىلەن ئاخىرقى سۆزىنى روسۇلى يۇھانناغا يەتكۈزگەن چاغدا «بالائامنىڭ يولى» ئەمەس، بەلكى «بالائامنىڭ تەلىمى» توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇردۇ: ــ

«لېكىن ساڭا شۇ بىرنەچچە ئېترازىم باركى، ئاراڭلاردا بالائامنىڭ تەلىمىگە ئەگەشكەنلەردىن بەزىلەر بولماقتا ــ بالائام بولسا بالاقنى ئىسرائىللارنى بۇتقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىنغان گۆشنى يېيىش ۋە جىنسىي بۇزۇقلۇق قىلىشقا ئازدۇرۇشنى ئۆگەتكەنىدى» («ۋەھىي» 14:2).

شۇڭا «بالائامنىڭ تەلىمى» پەقەت خۇدانىڭ يولىدىن پايدىلىنىپ، خۇدانىڭ پادىسىدىن مال-دۇنياسىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا: ــ «بۇزۇقلۇق ۋە بۇتپەرەسلىك ئۆتكۈزۈش گۇناھ ئەمەس، ھېچقەقەسى يوق» دەپ ئۆگىتىشتىنمۇ ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھەتتا جۇڭگو زېمىنىدىمۇ، كۆز ئالدىمىزدا بولماقتا (مەسىلەن «شەرقتىن چىققان چاقماق» دېگەن مەزھەپچىكلەرنىڭ تەلىمى شۇنداقتۇر). بۇنداق لەنەتلىك ئىشلارنى ئۆگىتىدىغانلارنىڭ بېشىغا رەببىمىزنىڭ ئەڭ قاتتىق جازاسى چۈشمەي قالمايدۇ.

## تەۋرات ـ 5 ـ قىسىم

# «قانۇن شەرھى»

### (مۇقەددەس قانۇن ـــ تەۋرات قانۇنىنىڭ شەرھى)

## كىرىش سۆز

## ئارقا كۆرۈنۈش

بەزى تەرجىمىلەردە مەزكۇر كىتاب «قانۇننىڭ (قايتىدىن) جاكارلىنىشى» (مەسىلەن، خەنزۇچە تەرجىمىلەردە)، «ئىككىنچى قانۇن» (گرېك تىلى تەرجىمىسىدە) ياكى «قانۇن شەرھى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر كىتابتا مۇسا ئەسلىدە سىناي تېغىدا چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس قانۇننىڭ بەزى مۇھىم نۇقتىلىرىنى خەلق ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم قايتا جاكارلايدۇ.

ئەسلىدە مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن نازىل قىلىنغان تەۋراتتىكى «مىسىردىن چىقىش» ۋە «كاھىن ـ لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى» دېگەن قىسىملاردا ئېنىق خاتىرىلەنگەن قانۇن ـ ئەمرلەر نېمىشقا يەنە مۇسا تەرىپىدىن بۇنداق قايتا جاكارلىنىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە بۇ مۇقەددەس قانۇن ئوتتۇز توققۇز يىل ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئەسلىدە خۇدا خەلققە قانۇن ـ ئەمرلىرىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇلارنى قانائان زېمىنىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان قادەش ـ بارنېئاغا باشلاپ كېلىپ، شۇ يەردە ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە مىراس قىلىدىغان زېمىنغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلەيدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى» دېگەن خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەنىدى. ئەسلىدە بۇنداق خەۋەردىن خۇشال بولۇشقا توغرا كېلەتتى. خەلق ئون ئىككى ئادەمنى ئۇ زېمىندىكى ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلاردىن ئون ئادەم قايتىپ كېلىپ: «بۇ زېمىن

دەرۋەقە سۈت بىلەن ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان مۇنبەت زېمىن ئىكەن؛ ھالبۇكى، ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلار گىگانت ئادەملەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز چېكەتكىدەك ئىكەنمىز، خالاس!» دەپ خەلقنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى. قالغان ئىككى چارلىغۇچى، يەنى يەشۇئا ۋە كالەب بولسا: «دەرۋەقە زېمىندا گىگانت ئادەملەر بولغىنى بىلەن، بىزنى مىسىر زېمىنىدىن ھەرخىل مۆجىزە-كارامەتلەر بىلەن قۇتقۇزۇپ چىققان، چۆل-باياۋاندا يۈرگىنىمىزدە بارلىق ھاجىتىمىزدىن تولۇق چىققان خۇدا بىزنى شۇ زېمىنغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئىگىلىتىدۇ ۋە بۇ گىگانت ئادەملەرنى بىزگە ئوزۇق قىلىپ بېرىدۇ!» دەپ خەلقنى رىغبەتلەندۈردى. لېكىن ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئاسىي خەلق ئىمانسىز ئون ئادەمنىڭ خەۋىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىمان-ئىشەنچلىك يەشۇئا بىلەن كالەبنىڭكىنى رەت قىلدى. ئۇلار مۇسا ۋە ھارۇنغا نارازىلىق بىلدۈردى، ھەتتا ئاخىر بېرىپ يەشۇئا بىلەن كالەبنى چالما-كېسەك قىلماقچى بولدى.

تەبىئىيكى، ئۇزگە بىھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغان بۇنداق ئىشەنچسىزلىك خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن: «ماڭا ئىشىنىشنى رەت قىلىپ: «گىگانت ئادەملەر باللىرىمىزنى يەپ كېتىدۇ» دېگەن چوڭلاردىن ھېچقايسىسى بەختلىك زېمىنغا كىرەلمەيدۇ؛ باللىرى بولسا، ئۇلار زېمىنغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلەيدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئاڭلاتتى.

مۇشۇ پاجىئەلىك ئىش تەۋراتتىكى «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» دېگەن قىسىمدا خاتىرىلەنگەن. شۇنداق بولدىكى، ئىسرائىللار مىراس قىلىپ بېرىلگەن زېمىنغا كىرىشنىڭ ئورنىغا، خۇدانىڭ جازاسى بىلەن يەنە بىر دەۋرنى (قىرىق يىل) چۆل-باياۋاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەھكۇم قىلىندى. ئوتتۇز سەككىز يىل ئۆتكەندە، خۇدا دەل ئۇلارغا جاكارلىغاندەك، خۇداغا ئاسىيلىق قىلغان يىگىرمە ياشتىن يۇقىرى بولغان ھەربىر ئادەم ئۆلۈپ تۈگىدى. پەقەت يەشۇئا بىلەن كالەب تىرىك قالدى. ئۇلار بىلەن ئۇ زېمىنغا تەڭ كىرىشكە تەييار تۇرغان يېڭى بىر دەۋر ئادەملىرى شۇ زېمىنىڭ چېگرىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ يېڭى دەۋر ئۈچۈن مۇسا پەيغەمبەرنىڭ: (ئا) خۇدانىڭ قانداق قىلىپ ئاتا-بوۋىلىرىنى مىسىردىكى قۇللۇقتىن چىقىرىپ مۆجىزە-كارامەتلەر بىلەن قۇتقۇزغانلىقىنى، شۇنداقلا چۆل-باياۋاندىن

ئۆتۈشكە يېتەكلىگەن تارىخنى بايان قىلىشى؛ (ئە) ئاتا-بوۋىلىرىغا ئاللىبۇرۇن تاپشۇرۇلغان قانۇن-ئەمرلەرنىڭ مۇھىم تەپسىلاتلىرى ھەم جەۋھىرى، شۇنىڭدەك زېمىنغا كىرگەندىن كېيىنكى يېڭى ئەھۋاللارغا باغلانغان يېڭى قانۇن-ئەمرلەرنى جاكارلىشى؛ (ب) ئۇلارنىڭ كېلەچەكى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىشى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى.

«مۇقەددەس قانۇن شەرھى» دېگەن كىتابنىڭ دەل بۇ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك: ــ

(ئا) ئۆتمۈش؛ خۇدانىڭ خەلقكە كۆرسەتكەن مۆجىزە-كارامەتلىرى (1:1-43:4)

(ئە) ھازىرقى ئەھۋال؛ كونا ئەمرلەرنىڭ قايتىدىن جاكارلىنىشى، يېڭى ئەمرلەرنىڭ قوشۇلۇشى (44:4-19:26)

(ب) كەلگۈسى زامانلار؛ بېشارەتلەر ۋە ئاگاھلار (1:27-12:34)

خۇدا ئاللىقاچان مۇساغا ئۆز ئۆلۈمى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانىدى. مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرقى بابىدا شۇ ئىش (بەلكىم يەشۇئا پەيغەمبەر تەرىپىدىن) خاتىرىلەنگەن. مۇسا پەيغەمبەر دەل بۇ قانۇن-ئەمرلەر ۋە جېكىلەشلىرىنى خەلققە تاپشۇرغاندىن كېيىن «تاغقا چىقىپ،... پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۆلدى».

شۇنىڭ بىلەن «مۇقەددەس قانۇن شەرھى» دېگەن كىتابنى ئاتىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا تاپشۇرغان ئاخىرقى سۆزلىرى ياكى ۋەسىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. كىتاب يەنە قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى پادىشاھلار ئۆز خەلقى بىلەن كېلىشىپ تۈزگەن بىر «ئەھدىنامە» شەكلىدىدۇر ــ دېمەك، خۇدا مەزكۇر كىتابتا ئۆزىنىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان ئەھدىسىنى قايتىدىن بايان قىلىدۇ. شۇڭا كىتابنى ئوقۇغان ھەربىر ئىسرائىل خەلقى دەرھال: «خۇدا دەرۋەقە بىزنىڭ پادىشاھىمىزدۇر، بىزمۇ ئۇنىڭغا خاس خەلقىمىز» دەپ بىلىپ يېتىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى كىتابنىڭ ئالاھىدە قىزىق نۇقتىلىرىغا ياكى چۈشىنىشكە تەسرەك بولىدىغان بەزى يەرلىرىگە تارتىمىز. بىراق بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئوقۇرمەنلەرگە تۆت ئىش توغرۇلۇق سەل توختالغىمىز كېلىدۇ: ــ

(ئا) مەزكۇر كىتابتا بېرىلگەن كۆپ ئەمرلەر قانائان زېمىندا تۇرۇۋاتقان ئەللەرنىڭ ئىش-ئەمەللىرىنىڭ دەل ئەكسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، خۇدا ئۇلارغا بۇتپەرەسلىكنىڭ بارلىق شەكىل-تۈرلىرىگە، پالچىلىق ۋە جىنكەشلىك قىلىش (يەنى جىنلارغا قاراش)قا، ئىنسانلارنى سويۇپ قۇربانلىق قىلىشقا، ھەرخىل جىنسىي بۇزۇقلۇق، جۈملىدىن غەيرىي ھەۋەسلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ بەچچىۋازلىق ۋە يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن زىناخورلۇق قىلىشقا، مېيىپلارغا رەھىمسىزلىك قىلىشقا، قېرىلارغا بىھۆرمەتلىك قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇۋقلار دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دەل ئەينى ۋاقىتتىكى قانائانلىقلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئادەتلەر بولغانىدى. مەسىلەن، ئىسرائىللارغا قارىتىلغان «سەن ئوغلاقنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە قاينىتىپ پىشۇرساڭ بولمايدۇ» دېگەن بىر ئەمرمۇ بايان قىلىنىدۇ (21:14). بۇنداق ئەمرنىڭ ئەخلاقىي ئەھمىيىتى بارمۇ-يوق؟ – دېگەن سوئال كاللىمىزنى قايماقتۇرۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە قانائانىيلار ئارىسىدا: «ئوغلاقنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە پىشۇرساق، ئۇنى ئۆز ئانىسى بىلەن چېتىشتۇرغانغا باراۋەر بولىدۇ، شۇنداق قىلساق يەر-زېمىنىنىڭ مۇنبەتلىكىنى ئاشۇرىمىز» دېگەندەك بىرخىل خۇراپىي كۆزقاراش بار ئىدى. مەلۇم بىر ئىسرائىلىي شۇنداق ئىشنى قىلىپ قالسا، بۇنداق خۇراپىي مۇددىئا ئۇنىڭدا بولۇشى ناتايىن. لېكىن ئىسرائىللارنىڭ بۇتپەرەسلىك تەرەپكە ئېزىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خۇدا ئۇلارغا ئۇنى قەتئىي مەنئى قىلىشنى بۇيرۇغان. چۈنكى باشقىلارنىڭ شۇ ئىشىغا قاراپ «بىزلەرمۇ شۇنداق قىلساق بولىدۇ» دەپ پۇتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

قانائانىيلارنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۆپ رەزىل ئادەتلىرى تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگار ئۇلارنى يوقىتىشنى بۇيرۇغان. مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق «مىسىردىن چىقىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

(ئە) كىتابتا، پەلەستىن (قانائان) زېمىنى توغرۇلۇق: «بۇ زېمىن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە بېرىدىغان زېمىن» دېگەن باياننى دائىم ئۇچرىتىمىز. بۇ بايان بىزگە ۋە ئۇلارغا شۇنى تەكىتلەيدۇكى، گەرچە خۇدا زېمىننى يەھۇدىي خەلقىگە بەرگىنى بىلەن، ئۇلار ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ مېھمانلىرىدۇر، شۇنىڭدەك ئۇلار زېمىندىن پايدىلانغاندا خۇدا ئالدىدا مەسئۇل ئىدى. زېمىندا مۇقىم تۇرۇشى ئۇلارنىڭ

ئىتائەتمەنلىكى بىلەن زىچ باغلىقتۇر. ئۇلار خۇداغا ئىتائەتسىزلىك قىلغان بولسا، زېمىندا ماكان تۇتۇش ئىمتىيازىدىن مەھرۇم بولاتتى؛ بۇ ئىش تارىختا ئاللىقاچان ئۈچ قېتىم يۈز بەرگەن.

(ب) مەزكۇر كىتابتا «پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ھەسەت قىلغۇچى بىر خۇدادۇر» دېگەن سۆزنى ئۇچرىتىمىز. بۇ سۆز بەلكىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ بېشىنى سەل قايماقتۇرۇشى مۇمكىن. ھەممىگە ئىگە بولغان خۇدا قانداقمۇ «ھەسەت» قىلسۇن؟

ئۆز ئايالىنى مۇتلەق، ساپ، شەخسىيەتسىز ۋە تولىمۇ مۇكەممەل مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان بىر ئەر كىشى بار دەيلۇق. مۇبادا شۇ كىشىنىڭ ئايالى باشقا بىرسى بىلەن ۋاپاسىزلىق ئۆتكۈزۈشكە ئازدۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا شۇ كىشىنىڭ ئىنكاسى بولماي قالامدۇ: —

(1) «نېمىشقا ئايالىم ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتىمدىن رازى بولمىدى؟» دەپ، ئارزۇلىرىنىڭ يەردە قالغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ. ئادالەتلىك بىر ئادەمنىڭ بۇنىڭغا غەزىپى كېلەمدۇ-يوق؟ كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

(2) ئۆز ئايالىغا بولغان كۆيۈمى بىلەن ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشىنى بەرگۈسى بولغاچقا، ئۇنى ئازدۇرغۇچى كىشىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ۋە ئالدىشىدىن ئازاد قىلىپ ئۆزىگە قايتۇرۇشنى خالايدۇ. چۈنكى ھېلىقى ئىككىنچى بىر ئادەم ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، پەقەت ئۆز ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشنىلا خالايدۇ، خالاس.

(3) ئۇنداق ئەر كىشىدە خۇدانىڭ خاراكتېرى بار بولسا، ئۇ (ھەم ئۆزىنى ھەم ئايالىنى دەپ) ئايالىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى تونۇپ يېتىپ، توۋا قىلىشىنى خالايدۇ. ئۇ توۋا قىلغان بولسا ئۇنى كەچۈرىدۇ ۋە ئۆزىگە قايتىدىن قوبۇل قىلىدۇ. پەقەت ئۇ ھەقىقەتەن توۋا قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە.

بۇ ئۈچ ئىشنى خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان «ھەسەت»نىڭ ئاساسىي ئاملى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ بۇتپەرەسلىكنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، زىيان تارتىشىغا يول قويالمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە بولغان ئۇنداق ۋاپاسىزلىقتىن ئازاب تارتىدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن يەنە ئۇلارنىڭ ھەممە بۇتپەرەسلىك ۋە خۇراپىيلىق ئىلىپ كېلىدىغان زىيان-تالاپەتكە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى خالايدۇ. چۈنكى بارلىق بۇتپەرەسلىك ۋە خۇراپىيلىق جىن-شەيتانلار بىلەن دوستلاشقانغا باراۋەردۇر.

(پ) مۇسا پەيغەمبەر بىرىنچى قېتىم خۇدانىڭ ۋەھيىسى بىلەن مۇقەددەس قانۇن-بەلگىلىملىرىنى («مىسىردىن چىقىش»، «كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى») قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قىرىق يىل خۇدا بىلەن بىللە ماڭغاچقا، جەزمەن تېخىمۇ چوڭقۇر دەرىجىدە بۇ مۇقەددەس قانۇننىڭ ھۆكۈملىرىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمىز. شۇڭا بۇ «قانۇن شەرھى»نىڭ كۆپ قىسىملىرىدا ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا خۇدانىڭ ئەمرلىرىنىڭ تۈپ مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ 2:32-ئايەتتە، يەنى: -

«تەلىمىم بولسا يامغۇردەك ياغىدۇ،
سۆزلىرىم شەبنەمدەك تامىدۇ،
يۇمران ئوت-چۆپ ئۈستىگە چۈشكەن سىم-سىم يامغۇردەك،
كۆكتاتلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن خاسىيەتلىك يامغۇردەك بولىدۇ»

دېگەن سۆزلىرىدە ئايان بولىدۇ. شۇڭا مەزكۇر كىتابنىڭ «قانۇن جەۋھىرى» دەپ ئاتىلىشىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.

## مەزمۇنلار

(ئا) كىرىش سۆز (1:1-5)

(ئە) تارىخىي مۇلاھىزە (1:6-4:49)

(ب) ئىمان-ئىشەنچنىڭ ئاساسىي مەنتىق-پرىنسىپلىرى (5-11-باب)

(پ) تەپسىلىي قانۇن بەلگىلىمىلەر (12-26-باب)

(ت) خۇدانىڭ جازا-تەربىيىلىرى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشلىرى (27-30-باب)

(ج) گۇۋاھچىلارنى چاقىرىش (كونا ئەھدىنامىلەردە پادىشاھلار ئۆز «ئىلاھلىرى»نى گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىراتتى، لېكىن مەزكۇر «ئەھدىنامە»دە خۇدا «ئاسمان-زېمىن»، جۈملىدىن بارلىق پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولۇشقا چاقىرىدۇ) (19:30 ، 19:31، 32-باب)

(چ) خۇدانىڭ ئۆز خەلقىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى (31-باب، 33-34-بابلار)

# قانۇن شەرھى

## پەرۋەردىگارنىڭ مېھرىبانلىقى ـ تارىخنى قايتا بايان قىلىش

1 [1]تۆۋەندە خاتىرىلەنگىنى مۇسانىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى پاران بىلەن توفەل، لابان، ھازىروت، دى-زاھابنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى سۇفنىڭ ئۇدۇلىدىكى چۆل-تۈزلەڭلىكتە، پۈتكۈل ئىسرائىلغا ئېيتقان سۆزلىرىدۇر: ـ
[2]ھورەب تېغىدىن چىقىپ، سېئىر تېغىنىڭ يولى بىلەن قادەش-بارنېئاغا بارغۇچە جەمئىي ئون بىر كۈنلۈك يول ئىدى. [3]ھالبۇكى، مۇسا بۇ بارلىق سۆزلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارنى دەپ ئۆزىگە تاپىلىغىنى بويىچە ئىسرائىللارغا ئېيتقان ۋاقتى قىرىقىنچى يىلى، ئون بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى بولدى؛ [4]بۇ ۋاقىت مۇسا ھەشبوننى پايتەخت قىلغان ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھوننى ۋە ئاشتاروت ۋە ئەدرەينى پايتەخت قىلغان باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىنكى مەزگىل ئىدى. [5]شۇنىڭ بىلەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى موئاب زېمىنىدا مۇسا پەيغەمبەر بۇ قانۇن-تەلىمنى شەرھلەشكە باشلاپ، مۇنداق دېدى: ـ
[6]«پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ھورەب تېغىدا بىزگە سۆز قىلىپ: ـ «سىلەرنىڭ مۇشۇ تاغ ئەتراپىدا تۇرغان ۋاقتىڭلار يېتەرلىك بولدى؛ [7]ئەمدى بۇرۇلۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئامورىيلار تۇرۇۋاتقان ئېگىزلىككە ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان بارلىق جايلارغا، جۇملىدىن ئاراباھ تۈزلەڭلىكىگە، تاغلىقلارغا، ئويمانلىققا، جەنۇبقا، دېڭىز بويلىرىغا، ئۇلۇغ دەريا، يەنى ئەفرات دەرياسىغىچە قانائانىيلارنىڭ زېمىنىغا ھەم لىۋان زېمىنىغا بېرىڭلار. [8]مانا، مەن شۇ زېمىننى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قويدۇم؛ كىرىڭلار، پەرۋەردىگار ئاتا-

4:1 چۆل. 33،24:21

بوۋىلىرىڭلارغا، يەنى ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ ۋە ئۇلارنىڭ
ئەۋلادلىرىغا: «سىلەرگە بېرىمەن» دەپ قەسەم قىلغان زېمىننى
ئىگىلەڭلار» ــ دېگەنىدى.
9 شۇڭا مەن شۇ چاغدا سىلەرگە: ــ
«مەن يۈكۈڭلارنى يالغۇز كۆتۈرەلمەيمەن. 10 پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
سىلەرنى كۆپەيتتى؛ مانا، بۈگۈن سىلەر ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك
نۇرغۇنسىلەر. 11 ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار دەرۋەقە
سىلەرنى ھازىرقىدىن يەنە مىڭ ھەسسە كۆپەيتكەي، شۇنداقلا ۋەدە
قىلغىنىدەك سىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلغاي! 12 لېكىن مەن
ئۆزۈم يالغۇز قانداقمۇ سىلەرنىڭ جاپالىرىڭلارنى، يۈكۈڭلارنى ۋە
تالاش-تارتىشىڭلارنى كۆتۈرەلەيمەن؟ 13 ئۆزۈڭلار ئۇچۇن ھەرقايسى
قەبىلىلىرىڭلاردىن دانىشمەن، يورۇتۇلغان مۆتىۋەرلەرنى تاللاڭلار، مەن
ئۇلارنى ئۈستۈڭلارغا يولباشچى قىلىمەن» ــ دېدىم.
14 سىلەر بولساڭلار ماڭا: ــ «سېنىڭ ئېيتقىنىڭ ياخشى گەپ
بولدى»، دېدىڭلار. 15 شۇنىڭ بىلەن مەن قەبىلىلىرىڭلاردىن
مۇنەۋۋەر ئادەملەرنى، يەنى دانىشمەن ھەم مۆتىۋەر ئادەملەرنى
تاللاپ، ئۈستۈڭلارغا يولباشچى قىلىپ، مىڭبېشى، يۈزبېشى،
ئەللىكبېشى ۋە ئونبېشى قىلىپ تەيىنلەپ، قەبىلىلىرىڭلار
ئۇچۇن ھەرخىل ئەمەللەرنى تۇتۇشقا تىكلىدىم. 16 شۇ چاغدا مەن
ئاراڭلاردىكى سوراقچىلارغا: «قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىكى ئەرز-
دەۋالارنى سوراڭلار، قېرىنداش بىلەن قېرىنداشنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ۋە پۇقرايىڭ بىلەن قوشنا ئولتۇرغان ياقا يۇرتلۇقلار ئوتتۇرىسىدا
ئادىل ھۆكۈم چىقىرىڭلار؛ 17 ھۆكۈم چىقارغاندا ھېچقانداق كىشىنىڭ
يۈز-خاتىرىسىنى قىلماڭلار؛ مەيلى كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن
سىلەر ھەممىسىنىڭلا ئىشلىرىنى سوراڭلار. سىلەر ئىنسانلارنىڭ

**8:1** يار. 15:18؛ 17:7، 8

**9:1** مىس. 18:18

**16:1** يۇھ. 24:7

سۆلتىدىن قورقماسلىقىڭلار كېرەك، چۈنكى مۇشۇ ھۆكۈم چىقىرىش ئىشى خۇداغا تەۋە ئىشتۇر. سىلەرگە تەس چۈشىدىغان ئىش بولسا، مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئۇنى ئاڭلايمەن» ــ دېدىم. [18]ئەينى چاغدا مەن قىلىشقا كېرەك بولغان بارلىق ئىشلار توغرۇلۇق تاپىلىغانمەن.

## قادەش-بارنېئادىكى خۇداغا بولغان ئىشەنچسىزلىك

[19]بىز پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزگە بۇيرۇغاندەك ھورەبتىن چىقىپ، ئامورىيلارنىڭ تاغلىقىغا باردۇق ۋە سىلەر شۇ يولدىكى بىپايان، دەھشەتلىك چۆلنى كۆردۈڭلار؛ بىز ئۇنىڭ ھەممىسىدىن ئۆتۈپ، قادەش-بارنېئاغا كەلدۇق. [20]ۋە مەن سىلەرگە: ــ «سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزگە ئاتا قىلىدىغان، ئامورىيلارنىڭ تېغىغا يېتىپ كەلدۇق. [21]مانا، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار بۇ زېمىننى ئالدىڭلارغا قويدى؛ ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار سىلەرگە ئېيتقاندەك، شۇ يەرگە چىقىپ ئۇنى ئىگىلەڭلار؛ قورقماڭلار، ھېچ ھودۇقماڭلار» ــ دېدىم.

[22]شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھەممىڭلار يېنىمغا كېلىپ ماڭا: ــ «بىز زېمىنغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئالدىن ئادەملەرنى ئەۋەتەيلى؛ ئۇلار بىز ئۈچۈن ئۇ يەرنى كۆزىتىپ، چىقىشىمىز كېرەك بولغان يول ۋە بىز ئۇچرايدىغان شەھەرلەر توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزسۇن» ــ دېدىڭلار. [23]بۇ ئىش نەزىرىمگە مۇۋاپىق كۆرۈنۈپ، مەن ئاراڭلاردىن ئون ئىككى ئادەمنى، يەنى ھەرقايسى قەبىلىدىن بىردىن ئادەمنى تاللىدىم. [24]ئۇلار يولغا ئاتلىنىپ تاغقا بېرىپ، ئەشكول جىلغىسىغا چۈشۈپ ئۇ يەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشتى. [25]ئۇلار قوللىرىغا شۇ زېمىندىكى مېۋىلەردىن

---

17:1 لاۋ. 15:19؛ 1سام. 7:16؛ پەند. 23:24؛ ياق. 1:2

23:1 چۆل. 13:2-38.

24:1 **«يولغا ئاتلىنىپ»** ــ ئىبرانيي تىلدا «يولغا بۇرۇلۇپ»

24:1 چۆل. 23:13

ئېلىپ بىزگە كەلتۈردى ۋە مەلۇمات بېرىپ: «پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزگە تەقدىم قىلغان بۇ زېمىن ياخشىدۇر» ــ دېدى.
[26]ھالبۇكى، سىلەر زېمىنغا چىقىشقا ئۇنىمىدىڭلار، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىپ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدىڭلار [27]ۋە ئۆز چېدىرىڭلاردا قاقشاپ: «پەرۋەردىگار بىزگە ئۆچ بولغانلىقىدىن بىزنى ئامورىيلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ھالاك قىلىش ئۈچۈن مىسىر زېمىنىدىن چىقارغان. [28]ئەمدى بىز نەگە بارارمىز؟ چۈنكى قېرىنداشلىرىمىز: «شۇ يەردىكى ئادەملەر بىزدىن چوڭ ھەم ئېگىز بىر خەلق ئىكەن؛ ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى ئىنتايىن چوڭ، سېپىللىرى ئاسمانغا تاقىشىدىكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز شۇ يەردە ئاناكىيلارنى بايقىدۇق»، دەپ كۆڭلىمىزنى پاراكەندە قىلىۋەتتى» ــ دېدىڭلار.
[29]شۇڭا مەن سىلەرگە: «قورقماڭلار، ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەككە-دۈككىگە چۈشمەڭلار؛ [30]سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ماڭىدىغان پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار مىسىر زېمىنىدا كۆز ئالدىڭلاردا بارلىق قىلغانلىرىدەك سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ؛ [31]سىلەر يەنە چۆل-باياۋاندىمۇ بارلىق ماڭغان يوللىرىڭلاردا مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە ئىنسان ئۆز ئوغلىنى قۇچىقىدا كۆتۈرگىنىدەك پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭمۇ سىلەرنى كۆتۈرگىنىنى كۆردۈڭلار. [32-33]شۇنىڭدەك گەرچە ئۇ يەنە كېچىدە ئوتتا، كۈندۈزدە بۇلۇت ئىچىدە سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مېڭىپ، بارگاھ تىككۈدەك يەرلەرنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن يۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشتا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا ئىشەنمىدىڭلار.
[34]پەرۋەردىگار بۇ سۆزلەرنى قىلغان ئاۋازىڭلارنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ: [35]«بۇ رەزىل دەۋردىكىلەردىن ھېچبىر ئادەم ھەرقانداق يول بىلەن مەن

---

28:1 **«چوڭ ھەم ئېگىز بىر خەلق»** ــ ياكى «كۆپ ھەم ئېگىز بىر خەلق». **«ئاناكىيلار»** ــ يوغان بويلۇق گىگانت ئادەملەر ئىدى («چۆل.» 33:13، «قانۇن شەرھى» 10:2، 21، 2:9نى كۆرۈڭ).

**28:1** چۆل. 28:13

**32-33:1** مىس. 21:13

ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقدىم قىلىشنى قەسەم قىلغان بۇ ياخشى زېمىننى
كۆرگۈچى بولمايدۇ! [36] پەقەت يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەب پۈتۈن قەلبى
بىلەن پەرۋەردىگارغا ئەگەشكەچكە، شۇلا زېمىننى كۆرىدۇ ۋە ئۇ ئۆز
پۇتى بىلەن كېزىپ چىققان بارلىق يەرنى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا
بېرىمەن» ــ دەپ قەسەم قىلدى.
[37] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن مەندىنمۇ
ئاچچىقلاندى ۋە: «سەنمۇ شۇ يەرگە كىرگۈچى بولمايسەن. [38] لېكىن
ئالدىڭدا خىزمەتتە تۇرۇۋاتقان نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا كىرەلەيدۇ.
ئۇنى كۈچلەندۈرگىن، چۈنكى ئۇ ئىسرائىللارنى ئۇنىڭغا مىراس
قىلدۇرىدۇ. [39] شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ: «ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ئولجىسى
بولۇپ قالىدۇ» دېگەن كىچىك بالىلىرىڭلار، يەنى بۈگۈنكى كۈندە
ياخشى-يامانني پەرق ئېتەلمەيدىغان بالىلىرىڭلار بولسا، كىرىدۇ؛
مەن ئۇ يەرنى ئۇلارغا ئاتا قىلىمەن ۋە ئۇلار ئۇنى ئىگىلەيدۇ.
[40] لېكىن سىلەر بولساڭلار، بۇرۇلۇپ قىزىل دېڭىزغا بارىدىغان يول
بىلەن چۆل-باياۋانغا قايتىڭلار» ــ دېدى.
[41] شۇ چاغدا سىلەر ماڭا جاۋاب بېرىپ: «بىز دەرۋەقە پەرۋەردىگار ئالدىدا
گۇناھ سادىر قىلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھازىر پەرۋەردىگار خۇدايىمىز
بىزگە قىلغان بارلىق ئەمرى بويىچە جەڭ قىلغىلى چىقىمىز» ــ
دېدىڭلار. شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار ئۆز بېشىمچىلىق
قىلىپ قورال-ياراقلىرىڭلارنى ئېسىپ، تاغقا چىقماقچى بولدۇڭلار.
[42] لېكىن پەرۋەردىگار ماڭا: ئۇلارغا: ــ «چىقماڭلار، جەڭ قىلماڭلار،
چۈنكى مەن ئاراڭلاردا ئەمەسمەن؛ سىلەر چوقۇم دۈشمەنلىرىڭلار

---

**35:1** چۆل. 22:14، 23؛ زەب. 95:10-11

36:1 **«پەقەت يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەب پۈتۈن قەلبى بىلەن پەرۋەردىگارغا ئەگەشكەچكە،...»** ــ مۇشۇ ۋەقە «چۆل.» 13-14-باپتا خاتىرىلىنىدۇ.

37:1 **«شۇ چاغدا پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن مەندىنمۇ ئاچچىقلاندى»** ــ مۇشۇ ۋەقە «چۆل.» 20:1-13دە خاتىرىلىنىدۇ.

**37:1** چۆل. 12:20؛ 14:27؛ قان. 26:3؛ 21:4؛ 4:34

40:1 **«قىزىل دېڭىز»** ــ ياكى «قومۇشلۇق دېڭىز».

ئالدىدا مەغلۇپ بولىسىلەر»، دېگەن، دېدى.
[43]مەن سىلەرگە سۆز قىلدىم، لېكىن سىلەر قۇلاق سالمىدىڭلار،
بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قارشى چىقىپ ئاسىيلىق قىلىپ،
ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ تاغقا چىقتىڭلار. [44]لېكىن تاغدا تۇرغان
ئامورىيلار سىلەرگە قارشى ئاتلىنىپ، بىر توپ ھەرىلەردەك سىلەرنى
تاكى خورماھغىچە قوغلاپ، سېئىردا سىلەرنى قىلىچلاپ ئۆلتۈردى.
[45]سىلەر قايتىپ كېلىپ پەرۋەردىگار ئالدىدا يىغا-زار كۆتۈردۈڭلار، ئەمما
پەرۋەردىگار پەريادىڭلارنى ئاڭلىمىدى، يا ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى.
[46]شۇنىڭ بىلەن سىلەر قادەشتە نۇرغۇن كۈنلەر تۇرۇپ قالدىڭلار ــ
سىلەر قانچە كۈنلەر شۇ يەردە تۇردۇڭلار!

## قادەش-بارنېئادىن موئابقا بولغان سەپەر

2 [1]ئاندىن بىز بۇرۇلۇپ، پەرۋەردىگار ماڭا ئېيتقاندەك قىزىل دېڭىزغا
بارىدىغان يول بىلەن سەپەرگە ئاتلاندۇق؛ بىز نۇرغۇن كۈنلەر سېئىر
تېغى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۇق. [2]پەرۋەردىگار ماڭا سۆز قىلىپ: ــ
[3]«سىلەرنىڭ مۇشۇ تاغنى ئايلىنىپ تۇرغان ۋاقتىڭلار يېتەرلىك
بولدى؛ ئەمدى شىمال تەرەپكە بۇرۇلۇڭلار. [4]خەلققە: ــ سىلەر سېئىردا
تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىڭلار ئەساۋلارنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتىدىغان
بولدۇڭلار؛ ئۇلار سىلەردىن قورقىدۇ، شۇڭا بەك ئېھتىيات قىلىپ،
[5]ئۇلارغا جەڭ قوزغىماڭلار؛ چۈنكى مەن سىلەرگە ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن
ھەتتا تاپانچىلىق يەرنىمۇ بەرمەيمەن؛ چۈنكى سېئىر تېغىنى ئەساۋغا
مىراس قىلىپ بەردىم. [6]سىلەر ئۇلارغا پۇل تۆلەپ ئوزۇق-تۈلۈك

46:1 **«...سىلەر قادەشتە نۇرغۇن كۈنلەر تۇرۇپ قالدىڭلار ــ سىلەر قانچە كۈنلەر شۇ يەردە تۇردۇڭلار!»** ــ بۇ ئايەتنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسىنى چۈشىنىش تەس. باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى: «سىلەر قادەشتە ئاللىقاچان تۇرغان كۈنلەردەك (يەنى 40 كۈن) شۇ يەردە تۇرۇپ قالدىڭلار» ياكى «سىلەر باشقا يەرلەردە قانچىلىك تۇرغان بولساڭلار، قادەشتىمۇ شۇنچىلىك تۇرۇپ قالدىڭلار» (دېمەك، چۆل-باياۋاندا كېزىپ يۈرگەن 38 يىلنىڭ يېرىمى، يەنى 19 يىل قادەش-بارنېئادا ئۆتكەن).

**5:2** يار. 8:36

سېتىۋېلىڭلار، پۇل تۆلەپ سۇ سېتىۋېلىڭلار. [7] چۈنكى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلار قولۇڭلاردىكى بارلىق ئەجرىنى بەرىكەتلەپ كەلگەن؛ ئۇ
سىلەرنىڭ بۇ بىپايان چۆل-باياۋاندىن مېڭىپ ئۆتۈۋاتقىنىڭلاردا
ھەممىنى بىلدى؛ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار بۇ قىرىق يىل سىلەر بىلەن
بىللە بولدى؛ ھېچ نەرسىدىن كەم بولمىدىڭلار» ــ دېدى.
[8] شۇنىڭ بىلەن بىز سېئىردا تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئەساۋلارنىڭ
زېمىنىدىن ۋە ئاراباھ تۈزلەڭلىكىدىن، شۇنداقلا ئېلات ۋە ئېزىئون-
گەبەردىن ئۆتۈپ، بۇرۇلۇپ موئابدىكى چۆل-باياۋان يولى بىلەن
ماڭدۇق. [9] پەرۋەردىگار ماڭا: «موئابىيلارنى ئاۋارە قىلماڭلار ياكى
ئۇلارغا جەڭ قوزغىماڭلار؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ زېمىنىنى سىلەرگە
مىراس قىلىپ بەرمەيمەن؛ چۈنكى مەن ئار شەھەر-زېمىنىنى لۇتنىڭ
ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ بەردىم» ــ دېدى [10] (ئەمىيلەر ئەسلىدە
شۇ يەردە تۇراتتى؛ ئۇلار ئاناكىيلارغا ئوخشاش كۈچلۈك، سانى كۆپ،
ئېگىز بويلۇق بىر خەلق ئىدى. [11] ئۇلار ئاناكىيلاردەك «گىگانتلار»
دەپ ھېسابلىنىدۇ؛ لېكىن موئابىيلار ئۇلارنى «ئەمىيلەر» دەپ ئاتاي
دۇ. [12] سېئىردا ئەسلىدە ھورىيلار تۇراتتى؛ لېكىن ئەساۋلار ھورىيلارنى
زېمىنىدىن ھەيدىۋېتىپ، ئۇلارنى يوقىتىپ ئورنىغا ئولتۇراقلاشتى
ــ خۇددى ئىسرائىللار مەنكى پەرۋەردىگار ئۇلارغا تەقدىم قىلغان،
ئۇلارنىڭ تەۋەلىكى بولغان زېمىنغا قىلغىنىغا ئوخشاش).
[13] پەرۋەردىگار: «ئەمدى ھازىر ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ زەرەد ئېقىنىدىن
ئۆتۈڭلار» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ بىز زەرەد ئېقىنىدىن ئۆتتۇق.
[14] قادەش-بارنېئادىن ئايرىلىپ زەرەد ئېقىنىدىن ئۆتكۈچە بولغان
كۈنلەر ئوتتۇز سەككىز يىل بولدى؛ بۇ دەل خۇددى پەرۋەردىگار

6:2 **«سىلەر ئۇلارغا پۇل تۆلەپ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «سىلەر ئۇلارغا كۈمۈش تۆلەپ...».

7:2 **«... ئۇ سىلەرنىڭ... ئۆتۈۋاتقىنىڭلاردا ھەممىنى بىلدى»...»** ــ مۇشۇ سۆز بەلكىم «ئۇ (خۇدا) سىلەردىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

9:2 **«لۇتنىڭ ئەۋلادلىرى»** ــ دېمەك، موئابىيلار ۋە ئاممونىيلار («يار.» 30:19-38نى كۆرۈڭ).

11:2 **«ئۇلار ئاناكىيلاردەك «گىگانتلار» دەپ ھېسابلىنىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «رەفايىيلار» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇلارغا قەسەم قىلغىنىدەك، ئۇ دەۋردىكى جەڭچىلەر بارگاھتىن پۈتۈنلەي يوقىتىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت ئىدى. [15] دەرۋەقە پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇلارنى بارگاھتىن يوقىتىپ تۈگەتكۈچە ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا قارشى چىققانىدى.

[16]ۋە شۇنداق بولدىكى، شۇ جەڭچىلەر ئۆلۈپ خەلق ئارىسىدىن پۈتۈنلەي تۈگىگەندىن كېيىن، [17]پەرۋەردىگار ماڭا سۆز قىلىپ: ــ

[18]«سىلەر بۈگۈن موئابنىڭ، يەنى ئارنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتىسىلەر. [19]شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئاممونىيلارغا يېقىن كېلىسىلەر؛ ئەمما ئۇلارنى ئاۋارە قىلماڭلار ياكى ئۇلارغا جەڭ قوزغىماڭلار؛ چۈنكى مەن ئامموننىيلارنىڭ زېمىنىنى سىلەرگە مىراس قىلىپ بەرمەيمەن؛ چۈنكى مەن ئۇنى لۇتنىڭ ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ بەردىم» ــ دېدى.

[20](بۇ زېمىنمۇ «گىگانتلارنىڭ زېمىنى» ھېسابلىنىدۇ؛ چۈنكى ئىلگىرى گىگانتلار شۇ يەردە تۇرغانىدى؛ ئامموننىيلار ئۇلارنى «زامزۇملار» دەپ ئاتايدۇ. [21]ئۇلار ئاناكىيلارغا ئوخشاش كۈچلۈك، سانى كۆپ، ئېگىز بويلۇق بىر خەلق ئىدى. پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئامموننىيلارنىڭ ئالدىدا يوقىتىشى بىلەن ئامموننىيلار ئۇلارنى زېمىنىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئولتۇراقلاشقانىدى. [22]پەرۋەردىگار سېئىردا تۇرغان ئەساۋلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئىش قىلدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ھورىيلارنى يوقاتتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئەساۋلار ئۇلارنى زېمىنىدىن مەھرۇم قىلىپ، بۈگۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئولتۇراقلاشقانىدى. [23]ۋە گازا شەھىرىگىچە كەنت-قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاۋۋىيلارنى بولسا، كافتوردىن

14:2 **«قادەش-بارنېئادىن ئايرىلىپ زەرەد ئېقىنىدىن ئۆتكۈچە بولغان كۈنلەر ئوتتۇز سەككىز يىل بولدى...»** ــ 1:34-39نى ۋە «چۆل.» 26:14-34نى كۆرۈڭ. خۇدانىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەن، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان بارلىق «جەڭچىلەر»نىڭ ھەممىسى («شۇ دەۋر»دە 20 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغانلار) خۇدا ۋەدە قىلغان زېمىننى كۆرمەي چۆل-باياۋاندا ئۆلۈپ تۈگىگەنىدى.

19:2 **«لۇتنىڭ ئەۋلادلىرى»** ــ دېمەك، موئابىيلار ۋە ئامموننىيلار («يار.» 30:19-38نى كۆرۈڭ).

20:2 **«گىگانتلارنىڭ زېمىنى»** ــ ياكى «رەفايىيلارنىڭ زېمىنى».

چىققان كافتورىيلار يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئولتۇراقلاشتى).

[24]ــ «ئەمدى ئورنۇڭلاردىن قوزغىلىڭلار، سەپىرىڭلارغا چىقىڭلار؛ ئارنون دەرياسىدىن ئۆتۈڭلار؛ مانا، مەن ھەشبوننىڭ پادىشاھى ئاموريي سىھوننى ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنىمۇ قولۇڭلارغا تاپشۇردۇم؛ ئىشنى باشلاڭلار، زېمىننى ئىگىلەشكە، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا چىقىڭلار؛ [25]مەن بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرنىڭ قورقۇنچۇڭلار ۋە ۋەھشىتىڭلارنى پۈتكۈل ئاسمان ئاستىدىكى خەلقلەر ئۈستىگە چۈشۈرىمەن؛ ئۇلار سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلارنى ئاڭلاپ سىلەرنىڭ تۈپەيلىڭلاردىن تىترەپ دەككە-دۈككىگە چۈشىدۇ».

## ھەشبوننىڭ پادىشاھى سىھون مەغلۇپ بولىدۇ

[26]شۇ چاغدا مەن ھەشبوننىڭ پادىشاھى سىھونغا كەدەموت چۆلىدىن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، تىنچلىق سالىمى يوللاپ: ــ
[27]«بىزنىڭ زېمىنىڭدىن ئۆتۈشىمىزگە يول قويغايسەن؛ ئوڭغا، سولغا بۇرۇلماي، پەقەتلا يولدىن چىقماي ماڭىمىز. [28]سەن ماڭا ئوزۇق-تۈلۈكنى پۇلغا سېتىپ بېرىسەن، سۇنى پۇلغا سېتىپ بېرىسەن؛ بىز پەقەتلا پىيادە مېڭىپ ئۆتىمىز، خالاس. [29]سېئىردا تۇرۇۋاتقان ئەساۋلار، ئاردا تۇرۇۋاتقان موئابىيلار بىزگە مۇئامىلە قىلغاندەك سەنمۇ بىز ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزگە تەقدىم قىلىدىغان زېمىنغا كىرگۈچە شۇنداق مۇئامىلە قىلغايسەن» ــ دېدىم.

---

23:2 **«گازا»** ــ مۇشۇ يەردە گازا «ئاززاھ» دېيىلىدۇ. **«...كەنت-قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاۋۋىيلارنى بولسا، كافتوردىن چىققان كافتورىيلار يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئولتۇراقلاشتى»** ــ مۇسا پەيغەمبەر نېمىشقا ئىسرائىللارغا بۇ تۆت يەردىكى گىگانتلار (ئەمىيلار، ئاناكىيلار، ھورىيلار ۋە ئاۋۋىيلار) نى تىلغا ئالىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىسرائىللارغا: «قاراڭلار، خۇدا بۇ ئېتىقادسىز خەلقلەر (ئاممونىيلار، ئەساۋلار قاتارلىق) ئالدىدا بۇ گىگانتلارنى يوقاتقان يەردە، سىلەر قانائانغا چىقىپ شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان گىگانتلار بىلەن سوقۇشۇشتىن زادى نېمىشقا قورقىسىلەر؟» دەپ رىغبەتلەندۈرمەكچى بولىدۇ.
–كافتور ــ كرېت ئارالى.

**26:2** چۆل. 21:21؛ ھاك. 19:11

**27:2** چۆل. 21:21،22

30لېكىن ھەشبوننىڭ پادىشاھى سىھوننىڭ بىزنىڭ ئۇ يەردىن
ئۆتۈشىمىزگە يول قويغۇسى يوق ئىدى؛ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
ئۇنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ روھ-قەلبىنى
قاتتىق، كۆڭلىنى جاھىل قىلىۋەتكەن (بۈگۈنكى ئەھۋال دەرۋەقە
شۇنداق). 31پەرۋەردىگار ماڭا: «مانا، مەن ئالدىڭلاردا سىھوننى ۋە ئۇنىڭ
زېمىنىنى سىلەرگە تاپشۇرۇشقا باشلىدىم؛ ئىشنى باشلاڭلار، ئۇنىڭ
زېمىنىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنى ئىشغال قىلىشقا كىرىشىڭلار» ــ دېدى.
32سىھون دەرۋەقە ئۆزى ۋە بارلىق خەلقى بىز بىلەن قارشىلىشىش
ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا ياھازغا چىقتى. 33لېكىن پەرۋەردىگار خۇدايىمىز
ئۇنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا قولىمىزغا تاپشۇردى؛ بىز ئۇنىڭ ئۆزىنى،
ئوغۇللىرىنى ۋە بارلىق خەلقىنى ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلدۇق. 34شۇ چاغدا
بىز ئۇنىڭ بارلىق شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي
ھالاك قىلدۇق؛ ئۇلاردىكى بارلىق ئەركەك، قىز-ئايال ۋە بالىلارنى
بىرىنمۇ قويماي يوقاتتۇق؛ ئۇلاردىن ھېچقايسىسىنى تىرىك
قويمىدۇق. 35بىز پەقەت ئۆزلىرىمىز ئۈچۈن چارۋا ماللىرىنى ۋە ئىشغال
قىلغان شەھەرلەردىن ئولجا غەنىيمەت ئالدۇق.
36ئارنون دەرياسى بويىدىكى ئاروئەردىن ۋە شۇ يەردىكى جىلغىدىكى
شەھەردىن تارتىپ گىلېئادقىچە ھېچقانداق شەھەر بىزگە تەڭ
كېلەلمىدى؛ پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەممىسىنى
مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. 37ھالبۇكى، سىلەر ئاممونىيلارنىڭ

---

**32:2** چۆل. 23:21

**33:2** قان. 6:29

34:2 **«...بىز ئۇنىڭ بارلىق شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدۇق»** ــ «ھالاك قىلدۇق» دېگەن سۆزلەر خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەلۇم بىر ئەل، شەھەر ياكى ھەرتۈرلۈك نەرسىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنى بىلدۈرىدۇ.

36:2 **«ئارنون دەرياسى بويىدىكى ئاروئەردىن ۋە شۇ يەردىكى جىلغىدىكى شەھەردىن تارتىپ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئارنون دەرياسى بويىدىكى ئاروئەر، يەنى جىلغىدىكى شەھەردىن تارتىپ...». **«ھېچقانداق شەھەر بىزگە تەڭ كېلەلمىدى»** ــ ياكى «بىزگە نىسبەتەن ھېچ شەھەر سېپىلى ئېگىز كەلمىدى».

زېمىنىغا، چېگرىسى بولغان پۈتكۈل ياببوك ۋادىسىغا، تاغدىكى
شەھەرلەرگە ياكى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزگە مەنئى قىلغان
ھەرقايسى يەرگە يېقىنلاشمىدىڭلار.

## باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى

3 [1]ئاندىن بىز بۇرۇلۇپ، باشانغا بارىدىغان يول بىلەن چىقىپ
ماڭدۇق؛ باشاننىڭ پادىشاھى ئوگ ۋە بارلىق خەلقى بىزگە قارشى
جەڭ قىلىشقا ئەدرەيگە چىقتى. [2] پەرۋەردىگار ماڭا: «ئۇنىڭدىن
قورقمىغىن؛ چۈنكى مەن ئۇنى، ئۇنىڭ خەلقى ۋە زېمىنىنى قولۇڭغا
تاپشۇردۇم؛ ھەشبوندا تۇرغان ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھوننى نېمە
قىلغان بولساڭ، ئۇنىمۇ شۇنداق قىلىسەن» ــ دېدى.
[3]پەرۋەردىگار خۇدايىمىز دەرۋەقە باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنى ۋە
بارلىق خەلقىنى قولىمىزغا تاپشۇردى؛ بىز ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ
ئۇلاردىن ھېچكىمنى قالدۇرماي قىردۇق. [4]شۇ ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭ
بارلىق شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدۇق؛ بىز ئۇنىڭ شەھەرلىرىدىن
ئىگىلىمىگەن بىرسىمۇ قالمىدى. بۇلار باشاندىكى ئوگنىڭ
پادىشاھلىقى، يەنى پۈتكۈل ئارگوب رايونى بولۇپ، جەمئىي ئاتمىش
شەھەر ئىدى. [5]بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئېگىز سېپىللار ۋە
بالداقلىق قوۋۇقلىرى بىلەن مۇستەھكەم قىلىنغانىدى؛ ئۇلارغا
قاراشلىق يېزا-كەنتلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. [6]بىز ئۇلارنى
ھەشبوننىڭ پادىشاھى سىھوننى قىلغىنىمىزدەك تەلتۆكۈس
يوقاتتۇق ــ بارلىق شەھەرلەر، ئەرلەر، ئايال-بالىلارنى قويماي
ھەممىسىنى تەلتۆكۈس يوقاتتۇق. [7] بىز پەقەت ئۆزلىرىمىز ئۈچۈن

**1:3** چۆل. 33:21؛ قان. 6:29

**2:3** چۆل. 34:21

**6:3** **«تەلتۆكۈس يوقىتىش»** ــ مۇشۇ سۆز خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەلۇم بىر ئەل، شەھەر ياكى ھەرتۈرلۈك نەرسىنى تولۇق يوقىتىشنى بىلدۈرىدۇ.

بارلىق چارۋا-ماللارنى ۋە شەھەرلەردىن ئولجا غەنىيمەت ئالدۇق.
[8]شۇ چاغدا بىز ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە تۇرۇشلۇق ئامورىيلارنىڭ ئىككى پادىشاھىنىڭ قولىدىن زېمىنىنى، يەنى ئارنون دەرياسىدىن ھەرمون تېغىغىچە بولغان زېمىنىنى تارتىۋالدۇق [9](ھەرمون تېغىنى زىدونىيلار «سىرىئون»، ئامورىيلار «سېنىر» دەپ ئاتايدۇ)؛ [10]بىز يەنە تۈزلەڭلىكتىكى بارلىق شەھەرلەر، پۈتكۈل گىلېئاد ۋە باشان پادىشاھى ئوگنىڭ پادىشاھلىقىدىكى سالكاھ ۋە ئەدرەي شەھەرلىرىگىچە، باشاننىڭ بارلىق زېمىنىنى ئىگىلىدۇق [11](شۇ چاغدا گىگانتلارنىڭ قالدۇقىدىن پەقەت باشاننىڭ پادىشاھى ئوگ قالغانىدى؛ ئۇنىڭ كارىۋىتى تۆمۈردىن ياسالغانىدى؛ مانا، ئۇ ئاممونىيلارنىڭ رابباھ شەھىرىدە ساقلىنىۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى توققۇز گەز، كەڭلىكى تۆت گەز. «گەز» — ئادەتتىكى ئادەمنىڭ جەينىكى ئۆلچەم قىلىنغان).
[12]بىز شۇ چاغدا ئىگىلىگەن زېمىن مۇنداق: — ئارنون دەرياسى يېنىدىكى ئاروئەر شەھىرىدىن تارتىپ، گىلېئاد تاغلىقىنىڭ يېرىمىنى ۋە ئۇنىڭدىكى شەھەرلەرنى رۇبەن ۋە گاد قەبىلىسىدىكىلەرگە تەقدىم قىلدىم؛ [13]گىلېئادنىڭ قالغان زېمىنى ۋە ئوگ پادىشاھنىڭ زېمىنى بولغان پۈتكۈل باشاننى مەن ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە تەقدىم قىلدىم (پۈتكۈل ئارگوب رايونى، يەنى پۈتكۈل باشان «گىگانتلارنىڭ زېمىنى» دېيىلىدۇ. [14]ماناسسەھنىڭ ئوغلى يائىر پۈتكۈل ئارگوب رايونىنى، يەنى باشاننى گەشۇرىيلار ۋە مائاكاتىيلارنىڭ چېگرىسىغىچە ئىگىلىگەن ۋە ئۇنى ئۆز ئىسمى بىلەن «ھاۋۋوت-يائىر»

---

11:3 **«گىگانتلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن»** — ئىبرانىي تىلىدا «رەفايىيلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن». **«ئۇنىڭ كارىۋىتى»** — ياكى «ئۇنىڭ مېيىت ساندۇقى». **«گەز»** — مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز»نى بەلكىم بىر «جەينەك» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، يەنى ئادەمنىڭ جەينىكىدىن بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق (تەخمىنەن 45 سانتىمېتر) ئىدى. مۇشۇ يەردە «گەز» «گىگانتلار»نىڭ جەينىكى بىلەن ئەمەس، «ئادەتتىكى ئادەم»نىڭ جەينىكى بىلەن ھېسابلىنىدۇ.

12:3 چۆل. 33:32

13:3 **«گىگانتلارنىڭ زېمىنى»** — ياكى «رەفايىيلارنىڭ زېمىنى».

دەپ ئاتىغان. بۇگۈنگە قەدەر ئۇ شۇنداق ئاتالماقتا). [15]گىلېئادنى بولسا مەن ماكىرغا تەقدىم قىلدىم. [16]رۇبەندىكىلەر ۋە گادتىكىلەرگە مەن گىلېئادتىن ئارنون دەرياسىغىچە (ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسى چېگرا ئىدى)، شۇنداقلا ئاممونىيلارنىڭ چېگراسى بولغان يابوك دەرياسىغىچە بولغان زېمىننى تەقدىم قىلدىم؛ [17]يەنە پىسگاھ تاغلىقى ئاستىدا ياتقان ئاراباھ تۈزلەڭلىكى (تاغلىق تۈزلەڭلىكنىڭ شەرقىي تەرىپىدە) ۋە ئىئوردان دەرياسىنىڭ كىننەرەت كۆلىدىن تارتىپ تۇز دېڭىزغىچە بولغان قىسمىنى ئۇلارغا چېگرا قىلىپ بەردىم.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئىككى يېرىم قەبىلىگە بولغان كۆرسەتمىلەر

[18]مەن شۇ چاغدا سىلەرگە: ــ

پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ تەئەللۇقاتىڭلار بولسۇن دەپ ئىگىلىشىڭلار ئۈچۈن بۇ زېمىننى سىلەرگە ئاتا قىلغان؛ ئاراڭلاردىكى جەڭچىلەر جەڭگە تەييارلىنىپ قوراللانغان ھالدا قېرىنداشلىرىڭلار بولغان ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا دەريادىن ئۆتۈڭلار؛ [19] پەقەت بالا-چاقىلىرىڭلار ۋە مال-چارۋىلىرىڭلار (مال-چارۋىلىرىڭلارنىڭ كۆپلىكىنى بىلىمەن) مەن سىلەرگە تەقسىم قىلغان شەھەرلەردە قالسۇن؛ [20]پەرۋەردىگار قېرىنداشلىرىڭلارغا سىلەرنىڭ ئارام ئالغىنىڭلاردەك ئارام بەرگۈچە، ئۇلار پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۇلارغا تەقدىم قىلغان زېمىننى ئىگىلىگۈچە ئۇلار بىلەن بىرگە جەڭ قىلىڭلار؛ ئاندىن سىلەر ھەربىرىڭلار مەن

---

14:3 **«ھاۋۋوت-يائىر»** ــ يەنى «يائىرنىڭ يېزا-كەنتلىرى». يائىر ماناسسەھنىڭ ئەۋلادى.

17:3 **«كىننەرەت كۆلى»** ــ «كىننەرەت كۆلى» كېيىن «گاللىيە دېڭىزى»، «تىبېرىئۇس دېڭىزى» دەپمۇ ئاتالغان. «كىننەرەت»نىڭ مەنىسى «چىلتار» ــ كۆلنىڭ شەكلى چىلتارسىماندۇر.

**«تۇز دېڭىزى»** ــ يەنى «ئۆلۈك دېڭىز».

**18:3** چۆل. 20:32

**سىلەرگە تەقسىم قىلغان ئۆز تەئەللۇقاتىڭلارغا قايتىسىلەر»**
**ـ دەپ تاپىلىغانمەن.**
**[21]شۇ چاغدىمۇ مەن يەشۇئاغا: «سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ مۇشۇ**
**ئىككى پادىشاھقا قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن**
**كۆردۈڭ؛ پەرۋەردىگار سەن بارىدىغان يەردىكى پادىشاھلىقلارنىمۇ**
**شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىدۇ. [22] سىلەر ئۇلاردىن قورقماڭلار؛ چۈنكى**
**پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۆزى سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ» ـ دەپ**
**تاپىلىغانمەن.**
**[23]شۇ چاغدا مەن پەرۋەردىگاردىن ئۆتۈنۈپ: ـ**
**[24]«ئى رەب پەرۋەردىگار، سەن ئۆز قۇلۇڭغا ئۆز ئۇلۇغلۇقۇڭ ۋە كۈچلۈك**
**قولۇڭنى ئايان قىلىشقا كىرىشتىڭ؛ چۈنكى مەيلى ئاسمانلاردا**
**ياكى زېمىندا بولسۇن سېنىڭ قىلغانلىرىڭغا ۋە كۈچ-قۇدرىتىڭگە**
**تەڭ كەلگۈدەك شۇنداق ئىلاھ بارمۇ؟ [25] سەندىن ئۆتۈنۈمەنكى، مېنى**
**ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شۇ يەردىكى ياخشى زېمىننى ـ شۇ**
**ياخشى تاغلىقنى ۋە لىۋاننى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغايسەن»، ـ**
**دېدىم.**
**[26]لېكىن پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلار تۈپەيلىدىن ماڭا**
**غەزەپلىنىپ ئىلتىجايىمغا قۇلاق سالمىدى، بەلكى ماڭا: «بولدى،**
**بەس! بۇ ئىشنى ئالدىمدا ئىككىنچى تىلغا ئالغۇچى بولما. [27] سەن**
**پىسگاھنىڭ چوققىسىغا چىقىپ بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، ئۆز كۆزۈڭ**
**بىلەن مەغرىبكە، شىمالغا، جەنۇبقا ۋە مەشرىققە تىكىلىپ قارا؛**
**چۈنكى سەن مۇشۇ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتمەيسەن. [28]يەشۇئاغا**
**ۋەزىپىنى تاپىلىغىن، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ يۈرەكلىك قىل؛ چۈنكى**

---

**21:3** چۆل. 18:27

**24:3** 1سام. 2:2؛ زەب. 7:89، 8، 9

26:3 **«...پەرۋەردىگار ... سەۋەبىڭلار ... ماڭا غەزەپلىنىپ ئىلتىجايىمغا قۇلاق سالمىدى»**
ـ «چۆل.» 1:20-13نى كۆرۈڭ.

**26:3** قان. 37:1؛ 2:31؛ 4:34

ئۇ بۇ خەلقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ سەن كۆردىغان شۇ زېمىنغا ئۇلارنى
ئېلىپ كىرىدۇ؛ ئاندىن ئۇلارغا ئۇنى مىراس قىلىپ ئېلىپ بېرىدۇ» ــ دېدى.
[29]شۇنىڭ بىلەن بىز بەيت-پېئورنىڭ ئۇدۇلىدىكى ۋادىدا تۇرۇپ قالدۇق.

## ئەھدىدە كۆرسىتىلگەن ئىمتىيازلار ـ مۇسا سۆزىنى داۋام قىلىدۇ

4 [1]ــ ئەمدى، ئى ئىسرائىل، مەن سىلەرگە ئۆگىتىدىغان مۇشۇ بەلگىلىمىلەرگە ھەم ھۆكۈملەرگە قۇلاق سېلىڭلار؛ ئۇلارغا ئەمەل قىلساڭلار ھاياتلىق تاپىسىلەر ۋە شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار سىلەرگە تەقسىم قىلىدىغان زېمىنغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلەيسىلەر. [2]مەن سىلەرگە تاپشۇرىدىغان پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ مۇشۇ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن، مەن سىلەرگە ئەمر قىلغان سۆزگە ھېچنېمىنى قوشماڭلار ھەمدە ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى چىقىرىۋەتمەڭلار.
[3]سىلەر ئۆز كۆزلىرىڭلار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ بائال-پېئورنىڭ تۈپەيلىدىن قىلغان ئىشلىرىنى كۆرگەنسىلەر؛ چۈنكى بائال-پېئورغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئاراڭلاردىن يوقاتتى؛ [4]لېكىن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا چىڭ باغلانغانلاردىن ھەربىرىڭلار بۈگۈنگە قەدەر ھايات تۇرۇۋاتىسىلەر.
[5]مانا، مەن پەرۋەردىگار خۇدايىم ماڭا ئەمر قىلغاندەك، كىرىپ ئىگىلەيدىغان زېمىندا تۇرغاندا ئۇلارغا ئەمەل قىلسۇن دەپ سىلەرگە بەلگىلىمە ھەم ھۆكۈملەرنى ئۆگەتتىم. [6]سىلەر ئۇلارنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار؛ چۈنكى شۇنداق قىلساڭلار بۇ ھۆكۈملەرنىڭ

---

**1:4** لاۋ. 37:19؛ 8:20؛ 31:22

**2:4** قان. 1:13؛ پەند. 6:30؛ ۋەھ. 18:22

**3:4** **«بائال-پېئور»** ــ بىر خىل بۇت. «چۆل.» 25-بابنى كۆرۈڭ. **«پەرۋەردىگارنىڭ بائال-پېئورنىڭ تۈپەيلىدىن قىلغان ئىشلىرىنى كۆرگەنسىلەر»** ــ «چۆل.» 25-بابنى كۆرۈڭ.

**3:4** چۆل. 4:25؛ يە. 17:22

ھەممىسىنى ئاڭلىغان خەلقلەرنىڭ كۆز ئالدىدا سىلەرنىڭ دانا ۋە يورۇتۇلغان بىر خەلق ئىكەنلىكىڭلار ئىسپاتلىنىدۇ؛ ئۇلار دەرۋەقە: «بۇ ئۇلۇغ ئەل دەرھەقىقەت دانا ھەم يورۇتۇلغان بىر خەلق ئىكەن» ــ دەيدۇ. [7] چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۇنىڭغا نىدا قىلغان ھەربىر تىلەكلىرىمىزدە بىزگە يېقىن تۇرغىنىدەك، ئۆزىگە يېقىن تۇرغان بىر خۇداسى بولغان بىزگە ئوخشاش باشقا بىر ئۇلۇغ ئەل بارمۇ؟ [8] مەن ئالدىڭلارغا قويغان مۇشۇ پۈتكۈل قانۇندىكىدەك ئادىل بەلگىلىمىلەر ھەم ھۆكۈملەرگە ئىگە بولغان سىلەردەك باشقا بىر ئۇلۇغ ئەل بارمۇ؟

## ھورەبتىكى ئەھدە توغرۇلۇق ئەسلىتىپ-ئاگاھلاندۇرۇش

[9] ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەن ئىشلارنى ئۇنتۇماسلىقىڭلار، ھەتتا ئۆمرۈڭلارنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە قەلبىڭلاردىن چىقارماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا ئېھتىيات قىلىڭلار ۋە ئىخلاسلىق بىلەن قەلبىڭلارنى ئېزىشتىن ساقلاڭلار؛ شۇنىڭدەك سىلەر كۆرگىنىڭلارنى باللىرىڭلارغا ۋە باللىرىڭلارنىڭ باللىرىغا يەتكۈزۈڭلار؛ [10] سىلەر ھورەب تېغىدا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان كۈنى پەرۋەردىگار ماڭا: «خەلقنى مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىشى ئۈچۈن يېنىمغا يىغقىن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۆزلىرىمنى ئۆگىنىپ، يەر يۈزىدىكى بارلىق كۈنلىرىدە مەندىن ئەيمىنىدۇ ۋە باللىرىغا ئۆگىتىدۇ» ــ دېگەنىدى. [11] سىلەر يېقىن كېلىپ تاغنىڭ تۈۋىدە تۇردۇڭلار؛ بۇ تاغنىڭ ئوتى ئاسمانلارنىڭ باغرىغىچە كۆيۈپ يەتتى، ھەمدە قاراڭغۇلۇق، بۇلۇتلار ۋە سۈر تاغنى قاپلىدى؛ [12] پەرۋەردىگار ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سىلەرگە سۆز قىلدى؛ سىلەر سۆزلەرنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدىڭلار، لېكىن ھېچ شەكلىنى كۆرمىدىڭلار؛ سىلەر

**7:4** قان. 19:26

**9:4** قان. 7:6؛ 19:11

**11:4** مىس. 18:19

پەقەت بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىڭلار. [13] ۋە ئۇ شۇ چاغدا سىلەرگە ئەمر قىلغان ئەھدىسىنى، يەنى «ئون ئەمر»نى ئايان قىلدى ۋە ئۇلارنى ئىككى تاش تاختاي ئۈستىگە پۈتتى. [14] ۋە شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ماڭا ئەمر قىلىپ، سىلەر دەريادىن ئۆتۈپ ئىگىلەيدىغان زېمىندا ئۇلارنى ئۇلارغا ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بەلگىلىمىلەر ھەم ھۆكۈملەرنى ئۆگىتىشنى تاپىلىدى.

[15] ئۆزۈڭلارغا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىڭلاركى (چۈنكى پەرۋەردىگار ھورەب تېغىدا ئوت ئوتتۇرىسىدىن سىلەرگە سۆز قىلغاندا ھېچقانداق شەكىلنى كۆرمىگەنسىلەر)، [16-18] ئۆزۈڭلارنى بۇلغاپ، مەيلى ئەركەك ياكى ئايال سۈرىتىدە، مەيلى يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق ھايۋان ياكى ئاسماندا ئۇچىدىغان ھەرقانداق قۇش بولسۇن، مەيلى يەر يۈزىدە ھەرقانداق ئۆمىلىگۈچى ھايۋان ياكى يەر ئاستىدىكى سۇلاردىكى ھەرقانداق بېلىق بولسۇن، ئۇلارنىڭ سۈرىتىدە ھېچقانداق شەكىل-قىياپەتتىكى ئويما بۇتنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياسىماڭلار، [19] ياكى شۇنىڭدەك، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ ئاسمانلارغا قاراپ، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، يەنى پۈتكۈل ساماۋى قوشۇننى كۆرۈپ، كۆڭلۈڭلار مايىل بولۇپ ئۇلارغا باش ئېگىپ قۇللۇقىغا كىرمەڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار بۇلارنى پۈتكۈل ئاسمان ئاستىدىكى بارلىق خەلقلەر ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان. [20] لېكىن سىلەرنى بولسا پەرۋەردىگار ئۆز مىراسى

13:4 **«ئون ئەمر»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئون سۆز».

19:4 **«پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار بۇلارنى پۈتكۈل ئاسمان ئاستىدىكى بارلىق خەلقلەر ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان»** ــ «ساماۋى قوشۇن» دېگەن سۆز (1) كۈن، ئاي ۋە نۇرغۇنلىغان يۇلتۇزلارنى؛ (2) بۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەرىشتىلەر ياكى ئاسماندىكى روھىي كۈچلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەۋراتتىن بىلىمىزكى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ پەرىشتىلەر ۋە بەلكىم ئاسماندىكى يامان كۈچلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار («زەب.» 4:147، «ئايۇپ» 38:4-7، «ۋەھ.» 12:4نى كۆرۈڭ).

—بۇ ئايەتتىكى ئۇچۇرغا قارىغاندا خۇدا (1) كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى (يەر يۈزىدىكىلەرگە نۇر ۋە تەپت بېرىش، يولۇچىلار ئۈچۈن يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىش قاتارلىق)نى كۆزلەپ ياراتتى؛ (2) ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ساماۋى كۈچلەر خۇداغا خاس بەندىلەرنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا تەييار تۇرىدۇ («ئىبر.» 14:1نى كۆرۈڭ)؛ (3) خۇدا **ئۆزىگە خاس بەندىلىرى**دىن (مۇشۇ يەردە ئىسرائىلدىن) خەۋەر ئالغاندا پەقەت پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەملىشىپلا قالماي، بەلكى ئۆزى شەخسەن ھالىنى سورايدۇ.

بولغان بىر خەلق بولۇشۇڭلار ئۈچۈن «تۆمۈر تاۋلاش خۇمدانى»دىن، يەنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتى. [21] لېكىن پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ ۋەجەڭلاردىن ماڭا غەزەپلىنىپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە مىراس بولۇش ئۈچۈن ئاتا قىلىدىغان ياخشى زېمىن توغرىسىدا: — «سەن شۇ يەرگە كىرىشكە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتمەيسەن» دەپ قەسەم قىلدى. [22] شۇڭا مەن مۇشۇ زېمىندا ئۆلۈشۈم مۇقەررەر؛ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتمەيمەن؛ بىراق سىلەر بولساڭلار ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ شۇ ياخشى زېمىننى ئىگىلەيسىلەر.
[23] پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ سىلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى ئۇنتۇماسلىقىڭلار، شۇنداقلا ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە مەنئى قىلغان ئويما بۇتنى ياكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ شەكىل-قىياپىتىنى ياسىماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا ھېزى بولۇڭلار. [24] چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ھەممىنى يۇتقۇچى بىر ئوت، ۋاپاسىزلىقنى ھەسەت قىلغۇچى بىر خۇدادۇر.

## ئەھدىدىن يېنىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ بەرىكىتى

[25] سىلەر پەرزەنتلەر، پەرزەنتىڭلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى كۆرۈپ، زېمىندا ئۇزاق ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، بىرخىل شەكىل-قىياپەتتە بولغان ئويما بۇتنى ياسىغان، شۇنىڭدەك پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى رەنجىتىپ ئۇنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ ئۆزۈڭلارنى بۇلغىغان بولساڭلار، [26] مەن

---

**20:4** مىس. 5:19

**21:4** قان. 1:37؛ 3:26؛ 2:31؛ 4:34

24:4 **«پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ... ۋاپاسىزلىقنى ھەسەت قىلغۇچى بىر خۇدادۇر»** — مۇشۇ «ھەسەت» ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا ئەمەس، بەلكى تۇرلۇك يىرگىنچلىك بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىغا قاراپ مۇقەددەس روھنىڭ «ئىبادەت پەقەت خۇداغىلا مەنسۇپ بولۇش كېرەك» دەپ بۇتلارغا ياكى بۇتلارنىڭ كەينىدە تۇرۇۋاتقان جىن-شەيتانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىلى بولغان ساختا پەيغەمبەرلەرگە بولغان ھەسىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تېما توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**24:4** مىس. 5:20؛ 14:34؛ قان. 9:5؛ 15:6؛ 3:9؛ ئىبر.29:12

ئاسمان-زېمىننى ئۇستۇڭلارغا گۇۋاھچى بولۇشقا چاقىرىمەن، سىلەر
ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىگىلەيدىغان شۇ زېمىندىن تېزلا
يۇتۇنلەي يوق قىلىنىسىلەر؛ سىلەرنىڭ ئۇنىڭدا ياشىغان كۈنلىرىڭلار
ئۇزۇن بولمايدۇ، سىلەر بەلكى ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىنىسىلەر.
[27] پەرۋەردىگار سىلەرنى بارلىق خەلقلەر ئارىسىغا تارقىتىدۇ،
پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرنى ھەيدىشى بىلەن سىلەر شۇ ئەللەر ئارىسىدا
كىچىك بىر قالدۇق بولىسىلەر. [28] سىلەر شۇ يەرلەردە تۇرۇپ ياغاچتىن
ياكى تاشتىن ياسالغان، نە كۆرەلمەيدىغان، نە ئاڭلىيالمايدىغان، نە
يېمەيدىغان، نە پۇرالمايدىغان، پەقەت ئىنسانىنىڭ قولىنىڭ ياسىغىنى
بولغان ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىدا بولىسىلەر. [29] سىلەر شۇ يەرلەردە
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى ئىزدەيسىلەر؛ پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن
جېنىڭلار بىلەن ئۇنى ئىزدىسەڭلار، ئۇنى تاپىسىلەر. [30] سىلەر ئېغىر
ئازاب-ئوقۇبەت تارتقىنىڭلاردا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بېشىڭلارغا
چۈشكەندە، سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا يېنىپ كېلىسىلەر ۋە
ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىسىلەر. [31] چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
رەھىمدىل بىر خۇدادۇر؛ ئۇ سىلەرنى تاشلىۋەتمەيدۇ، نە ھالاك قىلمايدۇ،
نە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار بىلەن قەسەم ئىچىپ تۈزگەن ئەھدىسىنى ھېچ
ئۇنتۇمايدۇ.
[32] ئەمدى، سىلەردىن ئىلگىرى، خۇدا ئىنساننى يەر يۈزىدە ياراتقان
كۈندىن تارتىپ ئۆتكەن كۈنلەر توغرۇلۇق سۈرۈشتە قىلىڭلار، شۇنداقلا
ئاسمانلارنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە سۈرۈشتە قىلىڭلاركى،
مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلۇغ بىر ئىش بولۇپ باققانمۇ؟ ئۇنىڭغا ئوخشاش
بىر ئىشنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ [33] سىلەرگە ئوخشاش، خۇدانىڭ ئوت ئىچىدىن
چىققان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تىرىك قالغان باشقا بىر خەلق بارمۇ؟
[34] پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار كۆز ئالدىڭلاردا سىلەر ئۈچۈن مىسىر
زېمىنىدا قىلغانلىرىدەك، قىيىن سىناقلار بىلەن، مۆجىزىلىك

**27:4** قان. 28:62،64

**28:4** زەب. 115:4-7؛ 135:15-17

ئالامەتلەر بىلەن، كارامەتلەر بىلەن، ئۇرۇش بىلەن، كۈچلۈك قول ھەم ئۇزىتىلغان بىلەك بىلەن ۋە دەھشەتلىك ۋەھىمىلەر بىلەن سىلەردىن باشقا بىر خەلقنى يات بىر ئەلنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ ئۆزىگە خاس قىلىش ئۈچۈن كېلىپ ئۇرۇنۇپ باققانمۇ؟ [35] پەرۋەردىگارلا خۇدادۇر، ئۇنىڭدىن باشقا بىرسى يوقتۇر، دەپ بىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەر بۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىنغانسىلەر. [36] سىلەرگە تەلىم بېرىش ئۈچۈن ئۇ ئاسمانلاردىن سىلەرگە ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلاتتى؛ ئۇ يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئوتىنى كۆرسەتتى؛ سىلەر شۇ ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدىنمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭلار.

[37] ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا باغلىغان مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن ھەمدە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سىلەرنى مىسىردىن شەخسەن ئۆزى زور قۇدرىتى بىلەن قۇتقۇزۇپ چىقاردى؛ [38] ئۇ شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىن ئۆزۈڭلاردىن كۆپ ۋە كۈچلۈك بولغان ئەللەرنى زېمىنىدىن ھەيدەپ، سىلەرنى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك سىلەرگە مىراس قىلىش ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلغاندۇر. [39] شۇڭا بۈگۈن شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى ۋە كۆڭلۈڭلارنى شۇنىڭغا بۆلۈڭلاركى، پەرۋەردىگار يۇقىرىدىكى ئاسمانلاردا بولسۇن، ئاستىدىكى يەر-زېمىندا بولسۇن خۇدادۇر؛ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىرى يوقتۇر. [40] شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ ۋە كېيىنكى باللار-ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇش

---

**34:4 «...كېلىپ ئۇرۇنۇپ باققانمۇ؟»** — «كېلىپ» دېگەن سۆز خۇدانىڭ خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى شەخسەن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. **«...دەھشەتلىك ۋەھىمىلەر بىلەن سىلەردىن باشقا بىر خەلقنى ... ئۆزىگە خاس قىلىش ئۈچۈن كېلىپ ئۇرۇنۇپ باققانمۇ؟»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...دەھشەتلىك ۋەھىمىلەر بىلەن باشقا بىر خەلقنى... ئۆزىگە خاس قىلىشى ئۈچۈن كېلىپ ئۇرۇنۇپ باققان بىر ئىلاھ بارمۇ؟».

**35:4** قان. 39:32؛ يەش. 45:5،18،22؛ مار.12:29،32

**37:4 «ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ كېيىنكى نەسلىنى». **«شەخسەن ئۆزى»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۆزىنىڭ يۈزى بىلەن».

**37:4** مىس. 3:13،9،14

ئۇچۇن، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىندا كۈنلىرىڭلارنى ئۇزۇن، ھەتتا مەڭگۈلۈك قىلىش ئۈچۈن مەن بۈگۈنكى كۈندە سىلەرگە تاپىلاۋاتقان ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە ئەمرلىرىنى تۇتۇڭلار».

## مۇسا پەيغەمبەر «پاناھلىق شەھەر»لەرنى ئايرىپ بېكىتىدۇ
## تەپسىلاتلىرى «چۆل.» 6:35ـ34دە كۆرسىتىلىدۇ

[41]ئاندىن مۇسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئۈچ شەھەرنى ئايرىپ بېكىتتى؛ [42] مەقسىتى، ھېچقانداق ئۆچ-ئاداۋىتى بولماي، تاسادىپىي قوشنىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۆلتۈرگەن كىشى شۇ يەرلەرگە، يەنى شۇ شەھەرلەردىن بىرىگە قېچىپ بېرىپ ئامان-ئېسەن قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. [43]بۇ شەھەرلەر بولسا: ـ رۇبەنلەرنىڭ زېمىنىدىن چۆل-باياۋاندىكى بەزەر، گادلارنىڭ زېمىنىدىن گىلېئادتىكى راموت، ماناسسەھلەرنىڭ زېمىنىدىن باشاندىكى گولاندىن ئىبارەت ئىدى.

## ئەھدىنىڭ قايتا جاكارلىنىشى

[44]مۇسا ئىسرائىللارنىڭ ئالدىغا قويغان قانۇن مانا تۆۋەندىكىدەك: ـ [45](بۇلار بولسا ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندا مۇسا پەيغەمبەر ئۇلارغا جاكارلىغان ئاگاھ-گۇۋاھلار، بەلگىلىمىلەر ھەم ھۆكۈملەردۇر؛ [46]مۇسا ۋە ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندا ئاموربيلارنىڭ ھەشبون شەھىرىدە تۇرۇشلۇق پادىشاھى سىھوننى ئۆلتۈرگەنىدى؛ مۇسا بۇ ئەمرلەرنى سىھوننىڭ زېمىنىدا، ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە، بەيت-پېئورنىڭ ئۇدۇلىدىكى ۋادىدا ئىسرائىللارغا جاكارلىغان.

**41:4** چۆل. 14:6:35
**43:4** يە. 8:20
**46:4** **«شەرق تەرىپىدە»** ـــ ئىبرانىي تىلىدا «بۇ تەرىپىدە».
**46:4** چۆل. 24:21؛ قان. 4:1

[47]شۇ چاغدا ئىسرائىللار سىھوننىڭ ۋە باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنىڭ
زېمىنىنى، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى
ئاموريىلارنىڭ ئىككى پادىشاھىنىڭ زېمىنىنىمۇ ئىگىلىگەنىدى؛
[48]ئۇلارنىڭ زېمىنى ئارنون دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى ئاروئەردىن تارتىپ
سىئون (يەنى ھەرمون) تېغىغىچە، [49]شۇنداقلا ئىئوردان دەرياسىنىڭ
شەرق تەرىپىدىكى پۈتكۈل ئاراباھ تۈزلەڭلىكى ۋە پىسگاھ تېغىنىڭ
باغرىغا جايلاشقان «تۈزلەڭلىكتىكى دېڭىز»غىچە ئىدى).

## ئەھدىگە شەرھ بېرىش ـ كىرىش سۆز

5 [1]شۇنىڭ بىلەن مۇسا پۈتكۈل ئىسرائىلنى چاقىرىپ ئۇلارغا
مۇنداق دېدى: ـ «ئى ئىسرائىل، مەن بۈگۈن قۇلاقلىرىڭلارغا
ئاڭلىتىۋاتقان بۇ بەلگىلىمىلەرگە ھەم ھۆكۈملەرگە قۇلاق سېلىڭلار،
ئۇلارنى ئۆگىنىڭلار، ئۇلارغا ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈڭلار!
[2]پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىز بىلەن ھورەب تېغىدا ئەھدە تۈزدى. [3]بۇ
ئەھدىنى پەرۋەردىگار ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىلەن تۈزگەن ئەمەس، بەلكى بىز
بىلەن، يەنى بۈگۈنكى كۈندە تىرىك قالغان بىزلەر بىلەن تۈزدى. [4]تاغدا
ئوت ئىچىدە تۇرۇپ پەرۋەردىگار سىلەر بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلەشكەنىدى
[5](شۇ چاغدا سىلەرگە پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامىنى جاكارلاش ئۈچۈن
مەن سىلەر ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانىدىم؛ سىلەر ئوتنىڭ
ئالدىدا قورقۇپ، تاغقا چىقىشنى خالىمىدىڭلار).

**47:4** چۆل. 33:21؛ قان. 3:3

**49:4** **«تۈزلەڭلىكتىكى دېڭىز»** ـــ مۇشۇ يەردە «ئۆلۈك دېڭىز»نى كۆرسىتىدۇ.

**2:5** مىس. 5:19

**5:5** مىس. 16:19؛ 18:20

## ئون ئەمر

6ئۇ مۇنداق دېدى: ــ «مەن سېنى مىسىر زېمىنىدىن، يەنى «قۇللۇق
ماكانى»دىن چىقارغان پەرۋەردىگارىڭ خۇداۋەندىمەن.
7سېنىڭ مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھىڭ بولمايدۇ.
8سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەيلى يۇقىرىدىكى ئاسماندا بولسۇن،
مەيلى تۆۋەندىكى زېمىندا بولسۇن، ياكى يەر ئاستىدىكى
سۇلاردا بولسۇن، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىدىكى
ھېچقانداق ئويما شەكىلنى ياسىما؛ 9سەن بۇنداق نەرسىلەرگە
باش ئۇرما ياكى ئۇلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرمە. چۈنكى مەنكى
پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ۋاپاسىزلىققا ھەسەت قىلغۇچى
خۇداۋەندىمەن. مەندىن نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىنى
ئۆزلىرىگە، ئوغۇللىرىغا، ھەتتا نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە
چۈشۈرىمەن. 10 ئەمما مېنى سۆيىدىغان ۋە ئەمرلىرىمنى
تۇتىدىغانلارغا مىڭ ئەۋلادىغىچە ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىق
كۆرسىتىمەن.
11پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ نامىنى قالايمىقان تىلغا ئالما؛
چۈنكى كىمدەكىم نامىنى قالايمىقان تىلغا ئالسا، پەرۋەردىگار
ئۇنى گۇناھكار ھېسابلىماي قالمايدۇ.

---

**6:5** مىس. 20:2-21؛ زەب. 10:81

**8:5 «ئۆزۈڭ ئۈچۈن ... شەكلىدە... ياسىما»** ــ بۇ ئەمرنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئادەملەر چوقۇنۇش مەقسىتىدە ياسىغان ھەرقانداق شەكىللەردۇر. باشقا مەقسەتلەر بىلەن ياسىغان شەكىللەر توغرۇلۇق سۆز يوق.

**9:5 «مەندىن نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئۆزلىرىگە، ئوغۇللىرىغا، ھەتتا نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە چۈشۈرىمەن»** ــ بۇ مۇھىم سۆز توغرۇلۇق «مىسىردىن چىقىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى (5:20، 7:34 توغرۇلۇق)، شۇنداقلا «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى (-18، -33بابلار توغرۇلۇق) كۆرۈڭ.

**9:5** مىس. 5:20؛ 7:34،14؛ يەر. 18:32

**10:5 «مىڭ ئەۋلادىغىچە...»** ــ ئەسلىدە «مىڭلىغان ئەۋلادىغىچە...».

—ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئەمما مېنى سۆيىدىغان ۋە ئەمرلىرىمنى تۇتىدىغان مىڭلىغانلىرىغا ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىق كۆرسىتىمەن». «قان.» 9:7نى كۆرۈڭ.

**11:5** لاۋ. 12:19؛ مات. 33:5

[12]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا ئەمر قىلغاندەك شابات كۈنىنى
مۇقەددەس دەپ بىلىپ تۇت، ئۇنىڭغا ئەمەل قىل. [13] ئالتە كۈن
ئىشلەپ بارلىق ئىشلىرىڭنى تۈگەتكىن؛ [14]لېكىن يەتتىنچى
كۈنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئاتالغان شابات كۈنىدۇر. سەن شۇ
كۈنى ھېچقانداق ئىش قىلمايسەن؛ مەيلى سەن ياكى ئوغلۇڭ
بولسۇن، مەيلى قىزىڭ، مەيلى قۇلۇڭ، مەيلى دېدىكىڭ، مەيلى
بۇقاڭ، مەيلى ئېشىكىڭ، مەيلى ھەرقانداق باشقا ئۇلىغىڭ، ياكى
سەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان مۇساپىر بولسۇن، ھېچقانداق
ئىش قىلمىسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن قۇلۇڭ ۋە دېدىكىڭ سەندەك
ئارام ئالالايدۇ. [15] سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىدە مىسىر زېمىنىدا قۇل
بولغانلىقىڭنى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ كۈچلۈك قولى ۋە ئۇزاتقان
بىلىكى بىلەن سېنى شۇ يەردىن چىقارغانلىقىنى ئېسىڭدە تۇت؛
شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا شابات كۈنىنى تۇتۇشنى
ئەمر قىلغان.

[16]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا ئەمر قىلغاندەك ئاتا-ئاناڭنى
ھۆرمەت قىل. شۇنداق قىلساڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا ئاتا
قىلماقچى بولغان زېمىندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن، ھالىڭ ياخشى
بولىدۇ.

[17]قاتىللىق قىلما.

[18]ھەم زىنا قىلما.

[19]ھەم ئوغرىلىق قىلما.

[20]ھەم قوشناڭ توغرۇلۇق يالغان گۇۋاھلىق بەرمە.

[21]ھەم قوشناڭنىڭ ئايالىنى تەمە قىلما ۋە نە ئۇنىڭ ئۆيى، ئۇنىڭ

**12:5** يار. 2:2؛ مىس. 12:23؛ 2:35؛ لاۋ. 3:23؛ ئەز. 12:20؛ ئىبر. 4:4

**16:5** لاۋ. 3:19؛ مات. 4:15؛ لۇقا 20:18؛ ئەف. 6:2، 3

**17:5** مات. 21:5؛ لۇقا 20:18؛ رىم. 9:13

**18:5** لۇقا 20:18

20:5 **«قوشناڭ توغرۇلۇق يالغان گۇۋاھلىق بەرمە»** — تەۋرات-ئىنجىل بويىچە «قوشناڭ» خۇدا بىزنىڭ يېنىمىزغا يېقىن قىلغان ھەربىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

ئېتىزى، ئۆينىڭ قۇلى، نە ئۆينىڭ دېدىكى، نە ئۆينىڭ كالىسى، نە
ئۆينىڭ ئېشىكىگە ياكى قوشنىڭنىڭ ھەرقانداق باشقا نەرسىسىگە
كۆز قىرىڭنى سالما».
[22] بۇ سۆزلەرنى پەرۋەردىگار تاغدا، ئوت، بۇلۇت ۋە سۈرلۈك قاراڭغۇلۇق
ئىچىدىن كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن سىلەرنىڭ پۈتكۈل جامائىتىڭلارغا
ئېيتقان ۋە ئۇلارغا ھېچ باشقا سۆزلەرنى قوشمىغان؛ ئۇ ئۇلارنى ئىككى
تاش تاختايغا پۈتۈپ ماڭا تاپشۇردى.
[23] ۋە شۇنداق بولدىكى، قاراڭغۇلۇقتىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلىغىنىڭلاردا
ۋە ئوتلۇق تاغ كۆيگىنىدە سىلەر، يەنى قەبىلە باشلىقلىرىڭلار ۋە
ئاقساقاللىرىڭلار يېنىمغا كېلىپ: ــ
[24] «مانا، پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆز شان-شەرىپى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى
ئايان قىلدى ۋە بىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئوت ئوتتۇرىسىدىن ئاڭلىدۇق،
شۇنىڭ بىلەن بىز بۈگۈنكى كۈندە خۇدا ئىنسانلار بىلەن سۆزلەشكەن
بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىرىك قالغانلىقىنى كۆردۇق. [25] ئەمدى بىز
جېنىمىزغا تەۋەككۈل قىلىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ چۈنكى
مۇشۇ دەھشەتلىك ئوت بىزنى يۇتۇۋېتىدۇ. ئەگەر بىز پەرۋەردىگار
خۇدايىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋەرسەك ئۆلۈپ كېتىمىز. [26] چۈنكى ئەت
ئىگىلىرىدىن ھايات ئىگىسى خۇدانىڭ ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
سۆزلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىزدەك تىرىك تۇرۇۋاتقانلاردىن كىم
بار؟ [27] سەن ئۆزۈڭ پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ
سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغىن؛ ئاندىن پەرۋەردىگار
خۇدايىمىز ساڭا سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئېيتىپ
بېرىسەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلىمىز» ــ
دېدىڭلار.

---

**21:5** رىم. 7:7

**22:5** قان. 10:9، 11

**26:5** قان. 33:4؛ ھاك. 22:13

**27:5** مىس. 19:20؛ ئىبر. 19:12

[28]پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ بۇ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ ماڭا: «بۇ خەلقنىڭ ساڭا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم؛ ئۇلارنىڭ بارلىق ئېيتقان سۆزلىرى دۇرۇستۇر. [29]كاشكى ئۇلاردا مەندىن قورقۇپ، ئەمرلىرىمنى ئىزچىل تۇتىدىغان بىر قەلب بولسىدى، ئۇلارنىڭ ھالى ۋە بالىلىرىنىڭ ھالى مەڭگۈگە ياخشى بولاتتى! [30]سەن بېرىپ ئۇلارغا: «چېدىرىڭلارغا قايتىڭلار» ــ دېگىن. [31]سەن بولساڭ يېنىمدا تۇرغىن؛ مەن سېنىڭ ئۇلارغا ئۆگىتىشىڭ كېرەك بولغان ئەمرلەر، بەلگىلىمىلەر ۋە ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەن ئۇلارغا تەۋەلىك قىلىپ بېرىدىغان زېمىندا تۇرۇپ بۇلارغا ئەمەل قىلىدىغان بولىدۇ.

[32]ئەمدى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە ئەمر قىلغاندەك قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈڭلار؛ ئۇنىڭدىن ئوڭ ۋە سولغا تايماڭلار! [33]پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە ئەمر قىلغان بارلىق يوللىرىدا مېڭىڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار ھاياتلىق تېپىپ، ھالىڭلار ياخشى بولىدۇ ۋە سىلەر ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان زېمىندا تۇرۇپ كۈنلىرىڭلار ئۇزۇن بولىدۇ».

## خۇدانىڭ ئەھدىسىنىڭ جەۋھىرى ـ ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشنىڭ بەخت-بەرىكىتى

6 [1]«مانا، بۇلار پەرۋەردىگار ماڭا سىلەر دەريادىن ئۆتۈپ ئىگىلەيدىغان زېمىندا تۇرغىنىڭلاردا ئۇلارغا ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئۆگىتىشنى تاپىلىغان ئەمرلەر، بەلگىلىمىلەر ھەم ھۆكۈملەردۇر: ــ [2](شۇنىڭ بىلەن سىلەر، يەنى سەن ئۆزۈڭ، ئوغلۇڭ ۋە نەۋرەڭ بارلىق تىرىك كۈنلىرىڭلاردا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردىن قورقۇپ، مەن سىلەرگە تاپىلاۋاتقان ئۇنىڭ بارلىق بەلگىلىمە ۋە ئەمرلىرىنى تۇتىسىلەر، شۇنداقلا ئۇزۇن كۈنلەرنى كۆرىسىلەر. [3]سەن، ئى ئىسرائىل،

33:5 «... **ھاياتلىق تېپىپ، ھالىڭلار ياخشى بولىدۇ**» ــ خۇدانىڭ بارلىق ئەمرلىرى بۇ مەقسەتتىدۇر. بۇ تېما «قانۇن شەرھى»دىكى كۆپ يەرلەردە كۆرۈلىدىغان بىر تېمىدۇر.

**ئۇلارنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل قويۇڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن ئاتا-**
**بوۋىلىرىڭلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار سىلەرگە دېگىنىدەك، سۈت**
**بىلەن ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان مۇنبەت زېمىندا تۇرۇپ، ھالىڭلار**
**ياخشى بولىدۇ ۋە سانىڭلار ئىنتايىن كۆپىيىدۇ): ــ**
**[4] ــ ئاڭلاڭلار، ئەي ئىسرائىل: ــ پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، پەرۋەردىگار بىر**
**بىرلىكتۇر؛ [5] سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن، پۈتۈن**
**جېنىڭ بىلەن ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن.**
**[6] مەن ساڭا بۈگۈن تاپىلىغان بۇ سۆزلەر قەلبىڭدە بولسۇن؛ [7] سەن**
**ئۇلارنى بالىلىرىڭغا سىڭدۈرۈپ ئۆگەت، مەيلى ئۆيدە ئولتۇرغاندا،**
**يولدا ماڭغاندا، ئورنۇڭدا ياتقاندا ۋە ئورنۇڭدىن تۇرۇۋاتقاندا ھەر ۋاقىت**
**ئۇلار توغرۇلۇق سۆزلىگىن؛ [8] ئۇلارنى قولۇڭغا ئەسلەتمە-بەلگە قىلىپ**
**تېڭىۋال، پېشانەڭگە قاشقىدەك سىمۋول قىلىپ ئورنىتىۋال؛ [9] سەن**
**ئۇلارنى ئۆيۈڭدىكى كېشەكلىرىڭگە ۋە دەرۋازىلىرىڭغا پۈتكۈزگىن.**
**[10] ۋە پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى قەسەم قىلىپ ئاتا-بوۋىلىرىڭغا،**
**يەنى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا ۋەدە قىلغان زېمىننى ساڭا ئاتا**
**قىلىش ئۈچۈن سېنى ئۇنىڭغا باشلىغاندا، ــ ئۆزۈڭ قۇرمىغان ئۇلۇغ**
**ۋە ئېسىل شەھەرلەرگە، [11] ئۆزۈڭ بىساتلىق قىلمىغان ئالىقاچان**
**ئېسىل بىساتلىق قىلىنغان ئۆيلەرگە، ئۆزۈڭ كولىمىغان، ئالىقاچان**
**كولانغان قۇدۇقلارغا، ئۆزۈڭ تىكمىگەن ئۈزۈمزارلار ۋە زەيتۇنزارلارغا**
**مۇيەسسەر قىلىنىشىڭ بىلەن سەن يەپ تويۇنغاندىن كېيىن، [12] ــ**
**ئەينى چاغدا سېنى مىسىر زېمىنىدىن، يەنى «قۇللۇق ماكانى»دىن**

---

**4:6 «پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، پەرۋەردىگار بىر بىرلىكتۇر» ــ «بىرلىك»** دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «ئەقاد» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئادەتتە ئىككى ياكى بىرنەچچە نەرسىنىڭ بىر گەۋدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ («يار.» 24:2، «مىس.» 3:24 قاتارلىقلار).

—باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگار خۇدايىمىزدۇر، پەرۋەردىگار بىردۇر».

**4:6** قان. 35:4؛ مار. 29:12؛ يـۇھ. 3:17؛ 1كور. 4:8، 6

**5:6** قان. 12:10؛ مات. 37:22؛ لۇقا 27:10

**7:6** قان. 9:4؛ 19:11

**11:6** قان. 9:8، 10

چىقارغان پەرۋەردىگارنى ئۇنتۇشتىن ھېزى بول. [13]سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭدىن قورقىن، ئىبادىتىدە بولغىن ۋە قەسەم قىلساڭ ئۇنىڭ نامى بىلەنلا قەسەم ئىچكىن. [14]سىلەر باشقا ئىلاھلار، يەنى ئەتراپىڭدىكى ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرىنى قەتئىي ئىزدىمەڭلار؛ [15]چۈنكى ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ۋاپاسىزلىققا ھەسەت قىلغۇچى تەڭرىدۇر. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ غەزىپى ساڭا قوزغىلىپ، ئۇ سېنى يەر يۈزىدىن يوقاتماي قالمايدۇ.
[16]سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى ماسساھتا سىنىغانىدەك ئۇنى سىنىماڭلار. [17]پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئەمرلىرىنى، سىلەرگە تاپىلىغان گۇۋاھ-ھۆكۈملىرى ۋە بەلگىمىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تۇتۇڭلار.
[18]پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس ۋە ياخشى بولغاننى قىلىڭلار؛ شۇنداق قىلغاندا ھالىڭلار ياخشى بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگار ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا بېرىشكە قەسەم قىلغان زېمىنغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلەيسىلەر، [19]شۇنداقلا پەرۋەردىگار ۋەدە قىلغانىدەك بارلىق دۈشمەنلىرىڭلارنى ئالدىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىسىلەر.

## كېيىنكى دەۋرلەرنى ئەسلىتىش

[20]كەلگۈسىدە ئوغلۇڭ سەندىن: ــ «پەرۋەردىگار خۇدايىمىز سىلەرگە تاپىلىغان ئاگاھ-گۇۋاھ، بەلگىلىمە ھەم ھۆكۈملەر نېمە؟» دەپ سورىسا، [21]سەن ئوغلۇڭغا مۇنداق دەيسەن: «بىز ئەسلىدە مىسىردا پىرەۋننىڭ قۇللىرى ئىكەنمىز؛ بىراق پەرۋەردىگار بىزنى مىسىردىن كۈچلۈك بىر قول بىلەن چىقارغان. [22]پەرۋەردىگار كۆز ئالدىمىزدا ئۇلۇغ ھەم دەھشەتلىك مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، پىرەۋننىڭ ئۈستىگە ھەم ئۇنىڭ بارلىق ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ

---

13:6 قان. 20:10؛ مات. 10:4؛ لۇقا 8:4

**16:6 «سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى ماسساھتا سىنىغانىدەك ئۇنى سىنىماڭلار»** ــ «مىس.» 2:17-7نى كۆرۈڭ. «ماسساھ» دېگەننىڭ مەنىسى «سىناش».

**16:6** مىس. 2:17؛ چۆل. 3:20؛ مات. 7:4؛ لۇقا 12:4

ئۇستىگە چۈشۈردى؛ [23]ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا قەسەم ئىچىپ ۋەدە
قىلغان زېمىننى بىزگە ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا بىزنى باشلاپ كىرىشكە
شۇ يەردىن يېتەكلەپ چىقارغان. [24]پەرۋەردىگار بىزگە بۇ بارلىق
بەلگىلىمىلەرنى تۇتۇشنى، پەرۋەردىگار خۇدايىمىزدىن قورقۇشنى
تاپىلىغان؛ ئۇ ھالىمىزنىڭ دائىم ياخشى بولۇشى ۋە بىزنىڭ
بۈگۈنكىدەك تىرىك ساقلانغاندەك، ئۇنىڭ پاناھىدا بولۇشىمىز
ئۈچۈن شۇنداق تاپىلىغاندۇر؛ [25]ۋە پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا
ئۇ بىزگە تاپىلىغاندەك بۇ بارلىق ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل
بۆلسەك بۇ بىز ئۈچۈن ھەققانىيلىق بولىدۇ».

## بۇتپەرەس ئەل-مىللەتلەرنى زېمىندىن يوقىتىش

7 [1]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سىنى ھازىر ئىگىلەشكە كېتىۋاتقان
زېمىنغا باشلاپ كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئالدىڭدىن كۆپ يات
ئەل-مىللەتلەرنى، يەنى ھىتتىيلار، گىرگاشىيلار، ئامورىيلار،
قانائانىيلار، پەرىززىيلار، ھىۋىيلار، يەبۇسىيلارنى ــ سەندىن كۈچلۈك
ئەل-مىللەتلەرنى ھەيدىۋېتىدۇ. [2] ئەمدى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ
ئالدىڭدا ئۇلارنى قولۇڭغا تاپشۇرۇشى بىلەن سەن ئۇلارغا ھۇجۇم
قىلغىنىڭدا، سەن ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىشىڭ كېرەك؛ ئۇلار
بىلەن ھېچ ئەھدە تۈزىشىڭگە ۋە ئۇلارغا ھېچ رەھىم قىلىشىڭغا
بولمايدۇ. [3] سىنىڭ ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشىشىڭغا بولمايدۇ؛ سەن
قىزىڭنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا بېرىشىڭگىمۇ ۋە ئۇلارنىڭ قىزىنى
ئوغلۇڭغا ئېلىپ بېرىشىڭگىمۇ بولمايدۇ؛ [4] چۈنكى ئۇلار ئوغلۇڭنى

**1:7** قان. 3:31

**2:7 «...ئۇلارغا ھېچ رەھىم قىلىشىڭغا بولمايدۇ»** ــ بۇ ئەمر (ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا بارلىق ئەمرلەر) توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**2:7** مىس. 32:23؛ 15:34؛ چۆل. 52:33؛ يە. 11:11

**3:7** مىس. 16:34؛ 1پاد. 2:11

ماشا ئەگىشىشتىن ئېزىقتۇرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئوغۇللىرىڭ باشقا
ئىلاھلارغا چوقۇنىدۇ؛ ئۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى سىلەرگە
قوزغىلىپ، سىلەرنى تېزلا يوقىتىدۇ.
[5]سەن ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ
قۇربانگاھلىرىنى بۇزۇۋېتىڭلار، بۇت تۈۋرۈكلىرىنى چېقىۋېتىڭلار،
ئاشەراھ بۇتلىرىنى كېسىۋېتىڭلار ۋە ئويما بۇتلىرىنى ئوت بىلەن
كۆيدۈرۈۋېتىڭلار؛ [6] چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا پاك-
مۇقەددەس بىر خەلقتۇرسىلەر؛ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرنى يەر
يۈزىدىكى بارلىق باشقا خەلقلەردىن ئۈستۈن قىلىپ، ئۆزىگە خاس
بىر خەلق بولۇشقا تاللىۋالغان. [7] پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە مېھىر
چۈشۈپ سىلەرنى تاللىۋالغىنى سىلەرنىڭ باشقا خەلقلەردىن
كۆپ بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە سىلەر بارلىق
خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ ئاز ئىدىڭلار، [8] پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرنى
سۆيگىنى سەۋەبىدىن ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ئالدىدا بەرگەن
قەسىمگە سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن پەرۋەردىگار سىلەرنى
كۈچلۈك قول بىلەن قۇتقۇزۇپ، ھۆرلۈك بەدىلى تۆلەپ «قۇللۇق
ماكانى»دىن، يەنى مىسىر پادىشاھى پىرەۋننىڭ قولىدىن
چىقارغان. [9]شۇڭا سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ بەرھەق
خۇدا، ۋەدىسىدە تۇرغۇچى تەڭرى ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار
كېرەك؛ ئۇ ئۆزىنى سۆيۈپ، ئەمرلىرىنى تۇتقانلارغا مىڭ دەۋرگىچە
ئۆزگەرمەس مېھىر كۆرسىتىپ ئەھدىسىدە تۇرغۇچىدۇر؛ [10] لېكىن
ئۆزىگە ئۆچمەنلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز بېشىغا ئوچۇق-ئاشكارە
چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى يوقىتىدۇ؛ ئۆزىگە ئۆچمەنلەرنىڭ ھەربىرىگە

---

5:7 **«ئاشەراھ»** ــ «ئايال بۇتلار»، بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم بۇت شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

**5:7** مىس. 24:23؛ 13:34؛ قان. 2:12، 3

**6:7** مىس. 5:19؛ قان. 20:4؛ 21:14؛ 18:26؛ 9:28؛ 1پېت. 9:2

**9:7** مىس. 5:20؛ قان. 9:5

ئۆزى قىلغان ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئوچۇق-ئاشكارە
قايتۇرۇشقا ھايال قىلمايدۇ. [11] سىلەر مەن بۇگۈن سىلەرگە
تاپىلىغان ئەمر، بەلگىلىمىلەر ھەم ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىش
ئۈچۈن ئۇلارنى چىڭ تۇتۇڭلار.

## ئەھدىنى تۇتۇشنىڭ بەخت-بەرىكەتلىرى

[12] چوقۇم شۇنداق بولىدۇكى، بۇ بەلگىلىمىلەرگە قۇلاق سېلىپ،
كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلساڭلار، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئاتا-
بوۋىلىرىڭلارغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان ئەھدە ۋە مېھرىنى
سىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرىدۇ؛ [13] سىزنى سۆيۈپ بەرىكەتلەپ،
ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قەسەم بىلەن ساڭا بېرىشكە ۋەدە قىلغان
زېمىندا تۇرغۇزۇپ كۆپەيتىدۇ؛ شۇ يەردە پەرزەنتلىرىڭنى، يەر-
تۇپرىقىڭدىكى مەھسۇلاتلارنى، بۇغدىيىڭنى، يېڭى شارابىڭنى،
زەيتۇن مېيىڭنى، كالىلىرىڭنىڭ نەسلىنى ۋە قويلىرىڭنىڭ
قوزىلىرىنى بەرىكەتلەپ كۆپەيتىدۇ. [14] سەن بارلىق ئەللەردىن
زىيادە بەخت-بەرىكەت كۆرىسەن؛ ئاراڭدا، ئەر-ئايال ياكى مال-
چارۋاڭ ئارىسىدا ھېچ تۇغماسلىق بولمايدۇ؛ [15] پەرۋەردىگار
سەندىن بارلىق كېسەللەرنى نېرى قىلىدۇ ۋە سەن ئۆزۈڭ كۆرگەن
مىسىردىكى دەھشەتلىك ۋابالاردىن ھېچقايسىسىنى ئۈستۈڭگە
سالمايدۇ، بەلكى ساڭا ئۆچ بولغانلارغا سالىدۇ.

**10:7** ناھ. 2:1

**12:7** لاۋ. 3:26؛ قان. 1:28

**13:7** **«پەرزەنتلىرىڭ»** ــ مۇشۇ يەردە ئىبرانيي تىلىدا «بالىياتقۇنىڭ مېۋىسى» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ

**14:7** **«سەن بارلىق ئەللەردىن زىيادە بەخت-بەرىكەت كۆرىسەن...»** ــ مۇشۇ يەردە «سەن» دېگەن سۆز خۇدا پۈتكۈل ئىسرائىلنى بىر ئادەمدەك كۆرۈپ، ئۇلارغا بىر گەۋدە سۈپىتىدە سۆزلەيدۇ. **«ئاراڭدا، ئەر-ئايال ياكى مال-چارۋاڭ ئارىسىدا...»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئاراڭدا، مەيلى ئەركەكلەر مەيلى ئاياللاردا ياكى مال-چارۋاڭ ئارىسىدا....».

**14:7** مىس. 26:23

## ئاراڭلاردىكى بارلىق بۇتپەرەسلىك ئىز-قالدۇقلىرىنى يوقىتىش كېرەك

[16]سەن پەرۋەردىگار ساڭا تاپشۇرغان بارلىق خەلقلەرنى يوقىتىشىڭ
كېرەك؛ سەن ئۇلارنى كۆرگەندە، ئۇلارغا ھېچ رەھىم قىلماسلىقىڭ
كېرەك، سەن ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ قۇللۇقىغا كىرمەسلىكىڭ
كېرەك؛ ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، بۇ ئىش ساڭا قىلتاق بولىدۇ. [17]ئەگەر
سەن كۆڭلۈڭدە: «بۇ ئەللەر مەندىن كۈچلۈك؛ مەن قانداق قىلىپ
ئۇلارنى زېمىنىدىن قوغلىۋېتەلەيمەن؟» ــ دېسەڭ، [18]ئۇلاردىن قورقما؛
پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ پىرەۋن ھەم بارلىق مىسىرلىقلارنى قانداق
قىلغانلىقىنى ئەسلىگىن، [19]ــ يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى شۇ
يەردىن چىقىرىش ئۈچۈن ۋاستە قىلغان، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن
دەھشەتلىك ھۆكۈم-سىناقلار، مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلەر،
كۈچلۈك قول ۋە سوزۇلغان بىلەكنى مەھكەم ئېسىڭدە تۇت؛ پەرۋەردىگار
سەن قورقۇۋاتقان بارلىق خەلقنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. [20]ئۇنىڭ ئۈستىگە
پەرۋەردىگار خۇدايىڭ تاكى ئۇلارنىڭ سەندىن يوشۇرۇنغان قالدۇقلىرى
يوقىتىلغۇچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سېرىق ھەرىلەرنى ئەۋەتىدۇ؛
[21]سەن ئۇلاردىن قورقماسلىقىڭ كېرەك؛ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ
ئاراڭدىدۇر؛ ئۇ ئۇلۇغ ۋە دەھشەتلىك بىر ئىلاھدۇر. [22]پەرۋەردىگار
خۇدايىڭ شۇ ئەللەرنى ئالدىڭدىن پەيدىنپەي ھەيدەيدۇ؛ سەن ئۇلارنى
بىراقلا يوقىتىۋېتەلمەيسەن؛ بىراقلا يوقىتىۋەتكەن تەقدىردىمۇ،
دالادىكى ھايۋانلار كۆپىيىپ، ئۈستۈڭگە باستۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن.
[23]لېكىن ئالدىڭغا ئىلگىرىلەپ ماڭغىنىڭدا پەرۋەردىگار خۇدايىڭ
ئۇلارنى قولۇڭغا تاپشۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ، يوقىتىلغۇچە

16:7 **«ئۇلارنى كۆرگەندە، ئۇلارغا ھېچ رەھىم قىلماسلىقىڭ كېرەك...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «كۆزۈڭ ئۇلارنى ھېچ ئايىمىسۇن...».

**19:7** قان. 34:4؛ 3:29

20:7 **«سېرىق ھەرە»** ــ ئادەتتىكى ھەرىدىن تېخىمۇ چوڭ ۋە چاققاق بىرخىل ھەرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**20:7** مىس. 28:23؛ يە. 12:24

دەككە-دۈككىگە سالىدۇ. [24]ئۇ ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى قولۇڭغا تاپشۇرىدۇ، سەن ئۇلارنىڭناملىرىنىمۇ ئاسمان ئاستىدىن يوق قىلىسەن؛ ئۇلارنى يوقاتقۇچە ھېچبىر ئادەم ئالدىڭدا تۇرالمايدۇ. [25]سىلەر ئۇلارنىڭ ئويما بۇتىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىڭلار؛ كۆز قىرىڭلارنى شۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشكە سالماڭلار، ئۇلارنى ئالماڭلار؛ بولمىسا ئۇ سىلەرگە قىلتاق بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك بىر نەرسىدۇر. [26]سەن ھېچقانداق يىرگىنچلىك نەرسىنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەلمە؛ بولمىسا سەن ئۇنىڭغا ئوخشاش لەنەتلىك نەرسە بولۇپ قالىسەن؛ سەن ئۇنىڭدىن قاتتىق يىرگەن، ئۇنىڭغا مۇتلەق نەپرەتلەن؛ چۈنكى ئۇ لەنەتلىك بىر نەرسىدۇر.

## پەرۋەردىگارنىڭ تەمناتلىرىنى ئەسلەش

8 [1]مەن سىلەرگە بۈگۈن تاپىلىغان بۇ بارلىق ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل قويۇڭلار؛ شۇنداق قىلغاندا سىلەر ھايات بولىسىلەر، كۆپىيىسىلەر ۋە پەرۋەردىگار ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قەسەم قىلىپ ۋەدە قىلغان زېمىنغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلەيسىلەر. [2]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى تۆۋەن قىلىپ، كۆڭلۈڭدە نېمە بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتىدىغان-تۇتمايدىغانلىقىڭنى بىلەي دەپ سېنى سىناش ئۈچۈن بۇ قىرىق يىل چۆل-باياۋاندا يېتەكلىگەن يولنى ئەسلىگىن. [3]دەرۋەقە ئۇ سېنى تۆۋەن قىلىپ، سېنى ئاچ قويۇپ، سەن ئەسلىدە بىلمەيدىغان، شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلىرىڭ كۆرۈپ باقمىغان «ماننا» بىلەن ئوزۇقلاندۇرغان؛ ئۇ ساڭا ئىنسان پەقەت يېمەكلىك بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان بارلىق سۆزلىرى بىلەنمۇ ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق

قىلدى. 4 بۇ قىرىق يىلدا كىيىم-كېچىكىڭ كونىرىمىدى، پۇتۇڭ
ئىششىپ كەتمىدى. 5 سەن شۇنى بىلىپ قويغىنكى، ئادەم ئۆز ئوغلىنى
تەربىيىلىگەندەك، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى تەربىيىلەيدۇ؛ 6 شۇڭا
سەن ئۇنىڭ يوللىرىدا مېڭىپ ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگار
خۇدايىڭنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتقىن. 7 چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ
سېنى ياخشى بىر زېمىنغا ـ ئېرىق-ئېقىنلىرى، بۇلاقلىرى ۋە
جىلغا-دۆڭلەردە ئۇرغۇپ چىقىدىغان ئۇلۇغ سۇلىرى بار بىر زېمىنغا
ـ 8 بۇغداي ۋە ئارپا، ئۈزۈم تاللىرى، ئەنجۈر دەرەخلىرى ۋە ئانارلىرى
بار بىر زېمىنغا، زەيتۇن دەرەخلىرى ۋە ھەسەل بار بىر زېمىنغا،
9 ـ سەن ھېچنېمىدىن كەملىك تارتماي ئوزۇقلۇق يەيدىغان بىر
زېمىنغا ـ تاشلىرى تۆمۈر، تاغلىرىدىن مىس كولايدىغان بىر
زېمىنغا يېتەكلەپ كىرىدۇ؛ 10 سەن شۇ يەردە يەپ تويۇنىسەن ۋە
پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا ئاتا قىلغان شۇ ياخشى زېمىن ئۈچۈن
ئۇنىڭغا تەشەككۇر-مەدھىيە ئېيتىسەن.
11 مەن ساڭا بۈگۈن تاپىلىغان پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئەمرلىرى،
بەلگىلىمىلىرى ھەم ھۆكۈملىرىنى تۇتماسلىقتىن، ئۇنى ئۇنتۇپ
قېلىشتىن ھېزى بول؛ 12 بولمىسا، سەن يەپ تويۇنغاندىن كېيىن،
ئېسىل ئۆيلەرنى قۇرۇپ ئۇلاردا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، 13 كالا-
قوي پادىلىرىڭ كۆپىيىپ، ئالتۇن-كۈمۈشۈڭ، شۇنداقلا سېنىڭ
بارلىقىڭ كۆپەيگەندىن كېيىن، 14 كۆڭلۈڭ مەغرۇرلىنىپ سېنى
مىسىر زېمىنىدىن، يەنى «قۇللۇق ماكانى»دىن چىقىرىپ قۇتقۇزغان
پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى ئۇنتۇيسەن؛ 15 (ئۇ سېنى بىپايان ۋە
دەھشەتلىك چۆل-باياۋاندىن، يەنى زەھەرلىك يىلانلار ۋە چايانلار

3:8 **«ماننا»** ــ بۇ ئىش توغرۇلۇق «مىس.» 16-بابنى كۆرۈڭ. **«... خۇدايىڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان بارلىق سۆزلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «...خۇدايىڭنىڭ ئاغزىدىن بارلىق چىققانلىرى». ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئادەمئاتا ئەسلىدە «خۇدانىڭ نەپىسى» بىلەن ھاياتقا ئېرىشتى.

**3:8** مىس. 15،14:16؛ مات. 4:4؛ لۇقا 4:4

**4:8** قان. 6:29؛ نەھ. 21:9

**10:8** قان. 12،11:6

قاپلاپ كەتكەن، سۇسىراپ قاغجىراپ كەتكەن بىر چۆل-باياۋاندىن
يېتەكلەپ چىققان، شۇ يەردە ساڭا چاقماق تېشىدىن سۇ چىقىرىپ بە
رگەن، [16] سېنى ئۆزىنى تۆۋەن تۇتسۇن دەپ سىناپ، ساڭا ئاخىر راھەت-
بەرىكەت كۆرسىتىش ئۈچۈن چۆل-باياۋاندا ئاتا-بوۋىلىرىڭ كۆرۈپ
باقمىغان «ماننا» بىلەن ئوزۇقلاندۇرغان) [17] ــ ئەگەر ئۇنى ئۇنتۇساڭ،
كۆڭلۈڭدە: «ئۆز كۈچۈم، ئۆز قولۇمنىڭ قۇدرىتى مېنى مۇشۇ دۆلەتكە
ئېرىشتۈرگەن» دېيىشىڭ مۇمكىن. [18]شۇڭا پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ
ئۆزى سېنى دۆلەتكە ئېرىشتۈرگۈچى قۇدرەتنى بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى
ئەسلەپ، ئۇنى ئېسىڭدە تۇت؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىڭغا
قەسەم قىلىپ ۋەدە قىلغان ئەھدىنى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك مەھكەم
قىلىدۇ. [19]ئەگەر سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى قاچانىكى ئۇنتۇساڭ،
باشقا ئىلاھلارغا ئەگەشسەڭ، ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدا بولۇپ ئۇلارغا باش
ئۇرساڭ، مەن سىلەرگە بۈگۈن شۇ ئاگاھنى بېرەيكى، شۇنداق بولىدۇكى،
سىلەر تەلتۆكۈس ھالاك بولىسىلەر. [20]پەرۋەردىگار كۆز ئالدىڭلاردا
يوقىتىۋاتقان ئەللەردەك سىلەرمۇ يوقىتىلىسىلەر؛ چۈنكى سىلەر
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىغانسىلەر.

## خۇدانىڭ ئەللەرنى قانائان زېمىنىدىن ھەيدىشىنىڭ سەۋەبى

9 [1-2]ئاڭلا، ئى ئىسرائىل! سەن بۈگۈن ئۆزۈڭدىن چوڭ ۋە كۈچلۈك
ئەللەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سېپىللىرى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك
چوڭ شەھەرلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئاناكىيلارنى قوغلاپ چىقىرىش
ئۈچۈن ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتىسەن (سەن ئۇلارنى بىلىسەن، ئۇلار
توغرۇلۇق «كىم ئاناكىيلار ئالدىدا تۇرالىسۇن!» دەپ ئاڭلىغانسەن)

---

15:8 **«زەھەرلىك يىلانلار...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئوتلۇق يىلانلار».

**15:8** مىس. 6:17؛ چۆل. 11:20؛ زەب. 78:15-16؛ 114:8

**16:8** مىس. 16:14،15

. [3] سەن بۈگۈنكى كۈندە شۇنى بىلىپ قويغىنكى، سېنىڭ ئالدىڭدا
ماڭغۇچى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇ يالماپ يۇتقۇچى
ئوتتۇر؛ ئۇ مۇشۇ ئەللەرنى ھالاك قىلىدۇ، ئالدىڭدا ئۇلارنى تېزدىن
يىقىتىدۇ؛ سەن ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىنى ئىگىلەپ، پەرۋەردىگار ساڭا
ئېيتقاندەك ئۇلارنى تېزدىن يوقىتىسەن. [4] پەرۋەردىگار ئۇلارنى
ئالدىڭدىن ھەيدىگەندە سەن كۆڭلۈڭدە: «ھەققانىيلىقىم سەۋەبىدىن
پەرۋەردىگار مېنى زېمىننى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېتەكلەپ
كىردى» دېمىگىن؛ بەلكى شۇ ئەللەرنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن
پەرۋەردىگار سېنىڭ ئالدىڭدا ئۇلارنى تەئەللۇقاتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.
[5] سەن ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلىشىڭ سېنىڭ ھەققانىي
بولغانلىقىڭدىن ياكى كۆڭلۈڭنىڭ دۇرۇسلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ
ئەللەرنىڭ رەزىللىكىدىن ۋە پەرۋەردىگار ئاتا-بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم،
ئىسھاق ۋە ياقۇپقا قەسەم قىلغان سۆزىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈنمۇ
پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئۇلارنى سېنىڭ ئالدىڭدا تەئەللۇقاتىدىن مەھرۇم
قىلىدۇ. [6] ئەمدى شۇنى بىلىپ قويغىنكى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ بۇ
ياخشى زېمىننى ساڭا مىراس قىلغىنى سېنىڭ ھەققانىيلىقىڭدىن
ئەمەس، چۈنكى سەن ئەسلى بويني قاتتىق بىر خەلقسەن.

## ئىسرائىلنىڭ جاھىللىقى

[7] ئەمدى سېنىڭ چۆل-باياۋاندا پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى قانداق
غەزەپلەندۈرگەنلىكىڭنى ئېسىڭدە تۇتقىن — ئۇنى ئۇنتۇما.
سەن مىسىر زېمىنىدىن چىققان كۈندىن بېرى تاكى بۇ يەرگە
كەلگۈچە پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىپ كەلدىڭ. [8] سىلەر ھورەب
تېغىدا پەرۋەردىگارنى غەزەپلەندۈرگەن ۋە پەرۋەردىگار سىلەرگە

---

**1-2:9** چۆل. 33،32:13

**3:9** قان. 24:4؛ ئىبر. 29:12

**5:9** يار. 7:12؛ 15:13؛ 7:15؛ 8:17؛ 4:26؛ 13:28

**7:9** مىس. 11:14؛ 2:16؛ 2:17؛ چۆل. 4:11

ئاچچىقلىنىپ، سىلەرنى ھالاك قىلماقچى بولدى. [9] شۇ چاغدا مەن تاش تاختايلارنى، يەنى پەرۋەردىگار سىلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدە تاختايلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تاغقا چىققانىدىم؛ مەن تاغدا قىرىق كېچە-كۈندۈز تۇردۇم (مەن نە تاماق يېمىدىم، نە سۇ ئىچمىدىم)؛ [10] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ماڭا ئۆز بارمىقى بىلەن پۈتكەن ئىككى تاختايىنى تاپشۇردى؛ ئۇلاردا پەرۋەردىگار تاغدا ئوت ئىچىدە سىلەرگە سۆزلىگەن چاغدا، جامائەت يىغىلغان كۈنى ئېيتقان بارلىق سۆزلەر پۈتۈلگەنىدى. [11] ۋە شۇنداق بولدىكى، قىرىق كېچە-كۈندۈز ئۆتۈپ، پەرۋەردىگار ماڭا ئىككى تاش تاختاي، يەنى ئەھدە تاختايلىرىنى بەردى. [12]ۋە پەرۋەردىگار ماڭا: «ئورنۇڭدىن تۇرغىن، مۇشۇ يەردىن چۈشكىن؛ چۈنكى سەن مىسىردىن چىقارغان خەلقىڭ ئۆزلىرىنى بۇلغىدى؛ ئۇلار تېزلا مەن ئۇلارغا تاپىلىغان يولدىن چەتنەپ ئۆزلىرىگە قۇيما بىر بۇتنى ياسىدى» دېدى. [13]پەرۋەردىگار ماڭا سۆز قىلىپ: «مەن بۇ خەلقنى كۆرۈپ يەتتىم؛ مانا، ئۇ بويىنى قاتتىق بىر خەلقتۇر. [14]مېنى توسما، مەن ئۇلارنى يوقىتىمەن، ئۇلارنىڭ نامىنى ئاسماننىڭ تېگىدىن ئۆچۈرۈۋېتىمەن ۋە شۇنداق قىلىپ، سېنى ئۇلاردىن چوڭ ۋە ئۇلۇغ بىر خەلق قىلىمەن» ــ دېدى.

[15]مەن بۇرۇلۇپ، تاغدىن چۈشتۈم؛ تاغ بولسا ئوت بىلەن يالقۇنلاۋاتاتتى؛ ئىككى ئەھدە تاختىيى ئىككى قولۇمدا ئىدى. [16]مەن كۆردۈم، مانا سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئالدىدا گۇناھ قىلىپسىلەر؛ سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قۇيما بىر موزايىنى ياساپسىلەر؛ سىلەر تېزلا پەرۋەردىگار سىلەرگە تاپىلىغان يولدىن چەتنەپ كېتىپسىلەر. [17]مەن ئىككى تاختايىنى ئىككى قولۇمغا ئېلىپ، چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى

**8:9** مىس. 4:32؛ زەب. 106:19-21

**9:9** مىس. 18:24؛ 28:34

**10:9** **«ئۆز بارمىقى بىلەن پۈتكەن...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «خۇدانىڭ بارمىقى بىلەن پۈتكەن».

**10:9** مىس. 18:31

**13:9** مىس. 9:32؛ 3:33؛ 9:34؛ قان. 16:10؛ 27:31؛ 2پاد. 14:17

**14:9** مىس. 10:32؛ زەب. 23:106

كۆز ئالدىڭلاردا چىقىۋەتتىم. [18]سىلەر پەرۋەردىگارنى غەزەپلەندۈرۈپ بارلىق ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭلار، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، يەنە ئاۋۋالقىدەك پەرۋەردىگار ئالدىدا يىقىلىپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز دۇم ياتتىم (مەن ھېچ نەرسە يېمىدىم، سۇ ئىچمىدىم) [19] چۈنكى مەن پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرنى يوقىتىدىغان قاتتىق غەزىپى ھەم قەھرىدىن قورقتۇم. پەرۋەردىگار شۇ چاغدىمۇ مېنىڭ تىلىكىمنى ئاڭلىدى. [20]پەرۋەردىگار ھارۇندىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىمۇ يوقاتماقچى بولدى؛ مەن ھارۇن ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلدىم. [21]مەن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى، يەنى ياسىغان موزايىنى ئېلىپ ئۇنى ئوتتا كۆيدۈردۈم ۋە ئۇنى يانجىپ كۇكۇم-تالقان قىلىپ ئېزىۋەتتىم؛ ئۇنىڭ توپىسىنى ئېلىپ تاغدىن چۈشىدىغان ئېرىق سۈيىگە چېچىۋەتتىم [22] (سىلەر يەنە تابەراھ، ماسساھ، كىبروت-ھاتتاۋاھدىمۇ پەرۋەردىگارنى غەزەپلەندۈردۈڭلار. [23] پەرۋەردىگار سىلەرنى قادەش-بارنېئادىن قانائانغا ماڭدۇرماقچى بولۇپ سىلەرگە: «چىقىپ، مەن سىلەرگە تەقدىم قىلغان زېمىننى ئىگىلەڭلار» ــ دېگەندىمۇ، سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ سۆزىگە قارشى چىقىپ ئاسىيلىق قىلدىڭلار، نە ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىڭلار، نە ئاۋازىغا ھېچ قۇلاق سالمىدىڭلار. [24] مەن سىلەرنى تونۇغان كۈندىن تارتىپ سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا ئاسىيلىق قىلىپ كەلدىڭلار).

[25]شۇنىڭ بىلەن مەن ئاشۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئالدىدا ئۆزۈمنى يەرگە ئېتىپ يەنە قىرىق كېچە-كۈندۈز دۇم ياتتىم؛ دەرۋەقە دۇم ياتتىم؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرگە قاراپ «ئۇلارنى يوقىتىمەن» دېگەنىدى. [26]شۇڭا مەن پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ: «ئى رەب پەرۋەردىگار، سەن ئۆز ئۇلۇغلۇقۇڭ ئارقىلىق ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھۆرلۈك بەدىلى تۆلەپ سېتىۋالغان،

**18:9 «مەن ھېچ نەرسە يېمىدىم...»** ــ ئىبرانيي تىلدا «مەن ھېچ ناننى يېمىدىم...».

**21:9** مىس. 20:32

**22:9** مىس. 7:17؛ چۆل. 1:11،4،34

**23:9** چۆل. 3:13؛ 1:14

مىسىردىن كۈچلۈك قولۇڭ بىلەن چىقارغان ئۆز خەلقىڭ بولغان
مىراسىڭنى يوقاتمىغايسەن؛ [27] ئۆز قۇللىرىڭ ئىبراھىم، ئىسهاق
ۋە ياقۇپنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن؛ بۇ خەلقنىڭ باشباشتاقلىقىغا،
ئۇلارنىڭ رەزىللىكى ياكى گۇناھىغا قارىمىغايسەن؛ [28]بولمىسا، سەن
بىزنى ئېلىپ چىققان شۇ زېمىندىكىلەر: «پەرۋەردىگار بۇ خەلقنى
ئۇلارغا ۋەدە قىلغان زېمىننى ئىگىلەشكە ئېلىپ كىرەلمەيدىغانلىقى
ئۈچۈن ۋە ئۇلارغا نەپرەتلەنگىنى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى چۆل-باياۋاندا
يوقىتىشقا مىسىردىن چىقاردى» ــ دەيدۇ.
[29]قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار زور كۈچۈڭ ۋە ئۇزارتىلغان بىلىكىڭ بىلەن
مىسىردىن چىقارغان خەلقىڭ ۋە سېنىڭ مىراسىڭدۇر» ــ دېدىم.

## يېڭى پۈرسەت

10 [1] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ماڭا: «ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئاۋۋالقىدەك
ئىككى تاش تاختاينى ئويۇپ چىقىپ، تاغقا يېنىمغا كەل.
ئۆزۈڭگە ياغاچتىن بىر ساندۇق ياسىغىن. [2] مەن بۇ تاختايلارغا سەن
چېقىۋەتكەن ئاۋۋالقى تاختايلاردىكى سۆزلەرنى يازىمەن؛ سەن ئۇلارنى
ساندۇققا قويىسەن» ــ دېدى.
[3]شۇنىڭ بىلەن مەن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر ساندۇق ياسىدىم،
ئاۋۋالقىدەك ئىككى تاش تاختاي ئويۇپ چىقتىم؛ ئىككى تاختاينى
قولۇمدا كۆتۈرۈپ تاغقا چىقتىم. [4]پەرۋەردىگار ئەسلىدە ئوت ئىچىدىن
تاغدا جامائەت يىغىلغان كۈندە سىلەرگە ئېيتقان شۇ ئون ئەمرنى
ئاۋۋالقى پۈتۈكتەك تاختايلارغا يازدى؛ پەرۋەردىگار ئۇلارنى ماڭا تاپ

---

26:9 **«ئۆز خەلقىڭ بولغان مىراسىڭ»** ــ «خۇدانىڭ مىراسى» مۇشۇ يەردە ئۆز خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «مىس.» 34:9نى كۆرۈڭ.

**26:9** مىس. 11:32؛ چۆل. 13:14

**28:9** مىس. 12:32؛ چۆل. 16:14

**1:10** مىس. 1:34

شۇردى. [5] مەن بۇرۇلۇپ تاغدىن چۈشۈپ تاختايلارنى ئۆزۈم ياسىغان ساندۇققا قويدۇم؛ پەرۋەردىگار ماڭا تاپىلىغىنىدەك ئۇلار تېخى ئۇنىڭدا تۇرماقتا.

## چۆل-باياۋاندىكى سەپەرنىڭ خاتىمىسى

[6]شۇ چاغدا ئىسرائىللار بەئەروت-بەنە-يائاكاندىن موسەراھقا يول ئېلىپ ماڭدى؛ ھارۇن شۇ يەردە ئۆلدى ۋە شۇ يەردە دەپنە قىلىندى؛ ئۇنىڭ ئوغلى ئەلئازار ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ كاھىنلىق قىلدى. [7]ئىسرائىللار شۇ يەردىن گۇدگوداھقا، ئاندىن گۇدگوداھتىن يوتباتاھقا سەپەر قىلدى (يوتباتاھ ئېرىق-ئېقىنى مول يەردۇر). [8] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈشكە، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خىزمىتىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ نامىدا بەخت-بەرىكەت تىلەشكە لاۋىي قەبىلىسىنى ئۆزىگە تاللاپ ئايرىدى. ۋە بۈگۈنگە قەدەر شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. [9]شۇڭا لاۋىي قەبىلىسىنىڭ ئىسرائىل قېرىنداشلىرى ئىچىدە نېسىۋىسى ياكى مىراسى يوقتۇر؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئېيتقاندەك، پەرۋەردىگار ئۆزى ئۇنىڭ مىراسىدۇر.
[10]مەن ئەمدى ئاۋۋالقى كۈنلەردىكىدەك قىرىق كېچە-كۈندۈز پەرۋەردىگار ئالدىدا تاغدا تۇردۇم؛ پەرۋەردىگار شۇ چاغدىمۇ تىلىكىمگە قۇلاق سالدى؛ ئۇ سىلەرنى يوقاتمىدى. [11] پەرۋەردىگار ماڭا: «ئورنۇڭدىن تۇر، خەلقنى باشلاپ ئالدىدا يول ئالغىن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەن ئۇلارغا

4:10 **«ئون ئەمر»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئون سۆزنى».
**6:10** چۆل. 20:28؛ 33:30،38
**7:10** چۆل. 33:32،33
9:10 **«لاۋىي قەبىلىسىنىڭ... نېسىۋىسى ياكى مىراسى يوقتۇر»** ــ قانائان زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن لاۋىيلار ۋە كاھىنلارنىڭ (باشقا قەبىلىلەرنىڭكىدەك) شەخسىي يەر-زېمىن ياكى شەھەرلىرى بولمايدۇ. ئۇلاردىكى ھەربىر ئائىلىگە ئىسرائىللارنىڭ شەھەرلىرى ئىچىدىن بىرەر تۇرار جاي بېرىلىدۇ.
**9:10** چۆل. 18:20-32؛ قان. 18:1؛ ئەز. 44:28
**10:10** قان. 9:18، 19

تەقدىم قىلىشقا ئاتا-بوۋىلىرىغا قەسەم قىلىپ ۋەدە قىلغان زېمىنىنى
ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كىرسۇن» ــ دېدى.

## پەرۋەردىگارنى سۆيگىن، خەلقنى سۆيگىن

[12-13]ئەمدى، ئى ئىسرائىل، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سەندىن نېمە تەلەپ
قىلىدۇ؟ ــ ھالىڭ ياخشى بولسۇن دەپ مېنىڭ بۈگۈن سىلەرگە مۇشۇ
تاپىلىغانلىرىمدىن باشقا نەرسىنى تەلەپ قىلارمۇ؟ ــ ئۇنىڭ تەلەپ
قىلغىنى بولسا پەرۋەردىگار خۇدايىڭدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن
بارلىق يوللىرىدا مېڭىپ، ئۇنى سۆيۈپ، پۈتكۈل قەلبىڭ ۋە پۈتكۈل جېنىڭ
بىلەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ
ئەمرلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟
[14]مانا، ئاسمانلار ۋە ئاسمانلارنىڭ ئاسمىنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا
مەنسۇپتۇر؛ يەر يۈزى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىلەرمۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپت
ۇر. [15] ھالبۇكى، پەرۋەردىگار پەقەت ئاتا-بوۋىلىرىڭلاردىن سۆيۈنۈپ، ئۇلارنى
سۆيدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكىدەك بارلىق ئەللەر ئارىسىدىن ئاتا-
بوۋىلىرىڭلارنىڭ كېيىنكى نەسلىنى، يەنى سىلەرنى تاللىدى. [16]شۇڭا
كۆڭۈلۈڭلارنى خەتنىلىك قىلىڭلار، بوينۇڭلارنى يەنە قاتتىق قىلماڭلار.
[17]چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار خۇدالارنىڭ خۇداسى، رەبلەرنىڭ
رەببى، ئۇلۇغ ئىلاھ، قۇدرەتلىك ۋە دەھشەتلىك بولغۇچى،
ئىنسانلارنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلمىغۇچى، ھېچقانداق پارىنى
ئالمىغۇچىدۇر؛ [18] ئۇ يېتىم-يېسىر ۋە تۇل خوتۇنلارنىڭ دەۋاسىنى
سورايدۇ، مۇساپىرنى سۆيۈپ ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-
كېچەكنى بەرگۈچىدۇر. [19] شۇڭا سىلەرمۇ مۇساپىرنى سۆيۈشۈڭلار

---

**12-13:10** قان. 5:6؛ مات. 37:22؛ لۇقا 27:10

**14:10** يار. 19:14؛ زەب. 1:24؛ 16:115

**16:10** مىس. 9:32؛ 3:33؛ 9:34؛ قان. 13:9؛ يەر. 4:4

**17:10** 2تار. 6:19، 7؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1؛ ۋەھ. 14:17

**18:10** **«يېتىم-يېسىر»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئاتىسىزلار».

كېرەك؛ چۈنكى سىلەرمۇ مىسىر زېمىنىدا مۇساپىر ئىدىڭلار.
[20]سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭدىن قورقىن؛ سەن ئۇنىڭ ئىبادىتىدە بولغىن،
ئۇنىڭغا باغلانغىن ۋە پەقەت ئۇنىڭ نامىدىلا قەسەم ئىچكىن. [21]ئۇ سەن
ئۈچۈن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن بۇ ئۇلۇغ ۋە دەھشەتلىك ئىشلارنى
قىلغان؛ ئۇ سەن مەدھىيىلەيدىغان، سېنىڭ خۇدايىڭدۇر؛ [22]ئاتا-
بوۋىلىرىڭ جەمئىي يەتمىش جان مىسىرغا چۈشكەنىدى؛ ۋە ھازىر
پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ قىلدى.

## خۇداغا ئىتائەتمەن بولۇشنىڭ بەخت-بەرىكىتى

11 [1] ئەمدى سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى سۆيگىن، ئۇنىڭ
تاپىلىغىنى، بەلگىلىمىلىرىنى، ھۆكۈملىرىنى ھەم
ئەمرلىرىنى ئىزچىل تۇتقىن. [2-3]شۇ ئىشلارنى بۈگۈن ئېسىڭلاردا
تۇتۇڭلار، چۈنكى مەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ جازا-تەربىيىسى،
ئۇلۇغلۇقى، كۈچلۈك قولى ۋە ئۇزارتىلغان بىلىكىنى، مىسىر زېمىنىدا
مىسىر پادىشاھى پىرەۋنگە ھەم ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىنى ئۈستىگە
كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك ئالامەتلىرى ۋە قىلغانلىرىنى كۆرمىگەن
بالىلىرىڭلارغا سۆزلىمەيمەن [4] (چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ
مىسىرنىڭ قوشۇنى، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى، ئۇلارنىڭ جەڭ ھارۋىلىرىغا
قىلغان ئىشلىرى، يەنى قىزىل دېڭىزنىڭ سۇلىرى بىلەن ئۇلارنى
غەرق قىلىپ، ئۆزۈل-كېسىل ھالاك قىلغانلىقى، [5] ئۇنىڭ سىلەر

22:10 **«يئاتا-بوۋىلىرىڭ جەمئىي يەتمىش جان مىسىرغا چۈشكەنىدى...»** — ياكى «ئاتا-بوۋىلىرىڭ يەتمىش جان بىلەن مىسىرغا چۈشكەنىدى...».

**22:10** يار. 5:15؛ 27:46؛ مىس. 1:5؛ روس. 14:7

**3-2:11 «شۇ ئىشلارنى بۈگۈن ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار...»** — ئىبرانىي تىلىدا «شۇ ئىشلارنى بۈگۈن بىلىڭلاركى،...».

**4:11 «پەرۋەردىگارنىڭ مىسىرنىڭ قوشۇنى...نى ... ئۆزۈل-كېسىل ھالاك قىلغانلىقى»** — ئىبرانىي تىلىدا «پەرۋەردىگارنىڭ مىسىرنىڭ قوشۇنى..نى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ھالاك قىلغانلىقى» — بۇ ئىبارە ئۇلارنىڭ تۈپتىن ھالاك قىلىنغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە سىلەرگە نېمە قىلغانلىقى، [6]ئۇنىڭ رۇبەنىنىڭ ئەۋلادى، ئېلىئابنىڭ ئوغۇللىرى داتان ۋە ئابىرامغا نېمە قىلغانلىقى، يەنى پۈتۈن ئىسرائىللار ئارىسىدا يەر يۈزىنىڭ ئاغزىنى قانداق ئېچىپ ئۇلارنى ئائىلىسىدىكىلىرى ۋە چېدىرلىرى بىلەن قوشۇپ بارلىق تەئەللۇقاتلىرى بىلەن يۇتۇۋەتكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدى؛) [7]مەن بەلكى سىلەرگە سۆز قىلىمەن؛ چۈنكى سىلەرنىڭ كۆزلىرىڭلار پەرۋەردىگار قىلغان بارلىق ئۇلۇغ ئىشلارنى كۆردى.

## ۋەدە قىلىنغان زېمىننىڭ مول بايلىقلىرى

[8]ئەمدى، مەن سىلەرگە بۈگۈن تاپىلىغان بارلىق ئەمرلەرنى تۇتۇڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار كۈچلىنىپ، ھازىر ئۆتۈپ ئىگىلىمەكچى بولغان زېمىنغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلەيسىلەر [9]ۋە پەرۋەردىگار ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قەسەم قىلىپ ئۇلارغا ھەم ئەۋلادلىرىغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىندا، يەنى سۈت بىلەن ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان مۇنبەت بىر زېمىندا تۇرۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر. [10]چۈنكى سىلەر ئىگىلەشكە كىرىدىغان شۇ زېمىن سىلەر چىققان مىسىر زېمىنىدەك ئەمەس؛ ئۇ يەر بولسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئۇرۇق چاچقاندىن كېيىن پۇتۇڭلار بىلەن سۇغىرىدىغان كۆكتاتلىقتەك زېمىن ئىدى؛ [11]بىراق سىلەر ئىگىلەشكە ئۆتىدىغان شۇ زېمىن بولسا تاغ-جىلغىلىرى بولغان بىر زېمىندۇر؛ ئۇ ئاسماندىكى يامغۇردىن سۇ ئىچىدۇ، [12]ئۇ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئۆزى ئەزىزلەيدىغان بىر زېمىندۇر؛ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ كۆزلىرى يىلنىڭ بېشىدىن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈزلۈكسىز ئۇنىڭغا تىكىلىدۇ. [13]شۇنداق بولىدۇكى، سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى سۆيۈپ، پۈتكۈل قەلبىڭلار ۋە پۈتكۈل جېنىڭلار بىلەن ئۇنىڭ ئىبادىتىدە بولۇش ئۈچۈن مەن سىلەرگە بۈگۈن تاپىلىغان

---

**6:11** چۆل. 31:16؛ 3:27؛ زەب. 17-16:106

**10:11** **«پۇتۇڭلار بىلەن سۇغىرىدىغان زېمىن»** ــ مىسىردا ئېتىزلار (بۇگۈنگە قەدەر) ئىنساننىڭ پۇتى بىلەن ئايلاندۇرىدىغان بىر خىل ئاددىي ناسوس بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

ئەمرلەرگە كۆڭۈل قويۇپ قۇلاق سالساڭلار، [14]ئۇ: «مەن زېمىنىڭلارغا ئۆز پەسلىدە يامغۇر، يەنى دەسلەپكى ۋە كېيىنكى يامغۇرلارنى ئاتا قىلىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئاشلىقلىرىڭلار، يېڭى شارابىڭلار ۋە زەيتۇن مېيىڭلارنى يىغالايسىلەر؛ [15]مەن شۇنداقلا مال-ۋارانلىرىڭ ئۈچۈن ئوت-چۆپ بېرىمەن؛ سەن يەپ-ئىچىپ تويۇنىسەن» ــ دەيدۇ.

## ئىتائەتمەن بولۇش ۋە باللارغا تەربىيە بېرىشنىڭ بەختى

[16]قەلبىڭلار ئالدىنىپ، باشقا ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرىپ، ئۇلارغا چوقۇنۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا ھېزى بولۇڭلار؛ [17]بولمىسا، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى سىلەرگە قوزغىلىپ، يامغۇر ياغماسلىقى ئۈچۈن ئاسمانلارنى ئېتىۋېتىپ يامغۇر ياغدۇرمايدۇ، تۇپراق مەھسۇلاتلىرىنى بەرمەيدۇ ۋە پەرۋەردىگار سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان مۇنبەت زېمىندىن يوقىتىلىسىلەر.

[18]سىلەر مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى قەلبىڭلارغا پۈكۈپ جېنىڭلاردا ساقلاڭلار، قولۇڭلارغا ئەسلەتمە-بەلگە قىلىپ تېڭىۋېلىڭلار، پېشانەڭلەرگە قاشقىدەك سىمۋول قىلىپ ئورنىتىۋېلىڭلار؛ [19]سىلەر ئۇلارنى باللىرىڭلارغا ئۆگىتىسىلەر؛ ئۆيدە ئولتۇرغىنىڭلاردا، يولدا مېڭىۋاتقىنىڭلاردا، ياتقىنىڭلاردا ۋە ئورۇندىن قوپقىنىڭلاردا ئۇلار توغرۇلۇق سۆزلەڭلار؛ [20]ئۇلارنى ئۆيۈڭلاردىكى كېشەكلەرگە ۋە دەرۋازىلىرىڭلارغا پۈتۈپ قويۇڭلار. [21]شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگار ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا بېرىشكە قەسەم قىلىپ ۋەدە قىلغان زېمىندا تۇرىدىغان كۈنلىرىڭلار ۋە باللىرىڭلارنىڭ كۈنلىرى ئۇزۇن بولىدۇ، يەر يۈزىدىكى كۈنلىرىڭلار ئاسماننىڭ كۈنلىرىدەك بولىدۇ. [22]مەن بۈگۈنكى كۈندە سىلەرگە تاپىلىغان بۇ پۈتكۈل ئەمرنى ئىخلاس بىلەن تۇتساڭلار، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى سۆيۈپ،

16:11 قان. 19:8

18:11 قان. 6:6، 8

19:11 قان. 9:4؛ 7:6

ئۆتۈپ بارلىق يوللىرىدا مېڭىشىڭلار بىلەن ئۇنىڭغا باغلانساڭلار،
[23]ئۇنداقتا پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا بۇ بارلىق ئەللەرنى
زېمىنىدىن مەھرۇم قىلىپ ھەيدەيدۇ ۋە سىلەر ئۆزۈڭلاردىن چوڭ ۋە
كۈچلۈك ئەللەرنىڭ تەئەللۇقاتىنى ئىگىلەيسىلەر. [24]تاپىنىڭلار
دەسسىگەن ھەربىر جاي سىلەرنىڭكى بولىدۇ؛ چېگراڭلار چۆل-
باياۋاندىن تارتىپ، لىۋانغىچە ۋە ئەفرات دەرياسىدىن ئوتتۇرا
دېڭىزغىچە بولىدۇ. [25] ھېچكىم ئالدىڭلاردا تۇرالمايدۇ؛ پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلار سىلەرگە ئېيتقىنىدەك، سىلەردىن بولغان قورقۇنچ ۋە
دەھشەتنى سىلەر دەسسىگەن بارلىق جايلار ئۈستىگە سالىدۇ.

## مۇسا «بەخت-بەرىكەت ۋە لەنەت»نى ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا قويىدۇ

[26]مانا، مەن بۈگۈن ئالدىڭلارغا بەخت-بەرىكەت ۋە لەنەتنى قويىمەن؛
[27]مەن سىلەرگە بۈگۈن تاپىلىغان پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ
ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، بەخت-بەرىكەت بولىدۇ؛ [28]پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلارنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلمىساڭلار، بەلكى سىلەر
تونۇمىغان باشقا ئىلاھلارغا ئەگىشىپ، مەن بۈگۈن تاپىلىغان يولدىن
چەتنەپ كەتسەڭلار، سىلەرگە لەنەت چۈشىدۇ.
[29]شۇنداق قىلىشىڭلار كېرەككى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرنى
سىلەر ئىگىلەشكە كىرىدىغان زېمىنغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن،
بەخت-بەرىكەتنى گەرىزىم تېغى ئۈستىدە ۋە لەنەتنى ئەبال تېغى
ئۈستىدە تۇرۇپ جاكارلايسىلەر. [30] بۇ تاغلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ
قارشى تەرىپىدە، گىلگالنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاراباھ تۈزلەڭلىكىدە

---

**25:11** مىس. 27:23

**29:11** **«گەرىزىم تېغى ئۈستىدە... ۋە ئەبال تېغى ئۈستىدە تۇرۇپ جاكارلايسىلەر»** — ئىبرانىي تىلدا «گەرىزىم تېغى ئۈستىگە... ۋە... ئەبال تېغى ئۈستىگە قويۇسىلەر». بۇ يەرلەردە ئەھدىدىكى بەخت-بەرىكەتلەر ۋە لەنەتلەر جاكارلىنىدۇ ھەم تاش ئۈستىگە پۈتۈلىدۇ. مۇشۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتلىرى 27-28-بابلاردا ۋە «يە.» 8:30-35دە تېپىلىدۇ.

**29:11** قان. 13،12:27؛ يە. 33:8

تۇرۇۋاتقان قانائانىيلارنىڭ زېمىنىدا، مەغرىب يولىنىڭ ئارقىسىدا،
مورەھتىكى دۇب دەرەخلىرىگە يېقىن يەردە ئەمەسمۇ؟
[31]چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە تەقدىم قىلىۋاتقان
زېمىننى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كىرىشكە ئىئوردان دەرياسىدىن
ئۆتىسىلەر؛ سىلەر دەرۋەقە ئۇنى ئىگىلەيسىلەر ۋە ئۇنىڭدا
ئولتۇراقلىشىسىلەر. [32]سىلەر مەن ئالدىڭلارغا قويغان بۇ بارلىق
ھۆكۈملەر ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل قويۇڭلار.

## خۇدا تاللايدىغان جايدا، مۇقەددەسخانىدا ئىبادەت قىلىش

12 [1] ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار
سىلەرنىڭ ئىگىلىشىڭلارغا بېرىدىغان زېمىندا تۇرغاندا،
يەر يۈزىدىكى بارلىق كۈنلىرىڭلاردا كۆڭۈل قويۇپ تۇتۇشۇڭلار كېرەك
بولغان بەلگىلىمىلەر ھەم ھۆكۈملەر مانا مۇنۇلاردۇر: ــ
[2]سىلەر ھەيدەپ چىقارغان ئەللەرنىڭ ئېگىز تاغلار، دۆڭلەر ۋە
ھەربىر يېشىل دەرەخ ئاستىدىكى ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ قۇللۇقىدا
بولغان ئىبادەتگاھلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشىڭلار كېرەك؛
[3]ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرىنى بۇزۇڭلار، بۇت تۈۋرۈكلىرىنى چېقىڭلار
ۋە ئاشەراھلىرىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىڭلار؛ ئىلاھلىرىنىڭ ئويما
مەبۇدلىرىنى كېسىپ تاشلاڭلار؛ ئۇلارنىڭ ئىسىم-ناملىرىنىمۇ شۇ
يەردىن يوقىتىشىڭلار كېرەك.
[4]سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ خىزمىتىدە ئۇلاردەك قىلماڭلار،
[5]بەلكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۆز نامىنى تىكلەش ئۈچۈن بارلىق
قەبىلىلىرىڭلارنىڭ زېمىنلىرى ئارىسىدىن تاللىغان، ئۆز تۇرالغۇسى
بولغان جايىنى ئىزدەڭلار، شۇ يەرگە كېلىڭلار؛ [6]شۇ يەرگە سىلەر كۆيدۈرمە
ۋە ئىناقلىق قاتارلىق قۇربانلىقلىرىڭلارنى، مەھسۇلاتلىرىڭلاردىن

2:12 مىس. 34:12،13؛ قان. 5:7
3:12 ھاك. 2:2
5:12 2تار. 12:7

ئوندىن بىرى بولغان ئۆشرىلەرنى، قولۇڭلاردىكى كۆتۈرمە ھەدىيەلەرنى،
قەسەمگە باغلىق ھەدىيەلەرنى، ئىختىيارىي ھەدىيەلەرنى ۋە قوي-
كالا پادىلىرىڭلارنىڭ تۇنجى بالىلىرىنى ئەكىلىسىلەر؛ [7]سىلەر
ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ شۇ يەردە پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ
ئالدىدا زىياپەت قىلىڭلار، سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرنى
بەرىكەتلىگەن قول ئەمگىكىڭلارنىڭ مېۋىسىدىن شادلىنىسىلەر.
[8]سىلەر بىز بۈگۈن قىلغىنىمىزدەك، يەنى ھەربىرىڭلار ئۆز
بىلگىنىڭلارچە قىلغىنىڭلاردەك قىلماسلىقىڭلار كېرەك؛ [9]چۈنكى
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە بېرىدىغان ئاراملىق ھەم مىراسقا
تېخى يېتىپ كەلمىدىڭلار.
[10]بىراق سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلار سىلەرگە مىراس قىلىپ بېرىدىغان زېمىنغا
ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، شۇنداقلا ئۇ سىلەرنى ئەتراپىڭلاردىكى
بارلىق دۈشمەنلىرىڭلاردىن قۇتقۇزۇپ ئارام بەرگەندىن كېيىن،
سىلەر تىنچ-ئامان تۇرغاندا، [11]شۇ چاغدا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
ئۆز نامىنى قويىدىغان بىر جاي بولىدۇ؛ سىلەر شۇ يەرگە كۆيدۈرمە
ۋە ئىناقلىق قاتارلىق قۇربانلىقىڭلارنى، مەھسۇلاتلىرىڭلاردىن
ئوندىن بىرى بولغان ئۆشرىلەرنى، قولۇڭلاردىكى كۆتۈرمە
ھەدىيەلەرنى ۋە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قەسەم قىلغان ئېسىل
ھەدىيەلەرنى ئەكىلىسىلەر؛ [12]ۋە پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
ئالدىدا شادلىنىسىلەر، يەنى سىلەر، ئوغۇل-قىزلىرىڭلار، قۇل-
دېدەكلىرىڭلار ۋە سىلەر بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان لاۋىيلار
(چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاراڭلاردا ھېچقانداق نېسىۋىسى ياكى مىراسى
يوقتۇر) ھەممىڭلار شادلىنىسىلەر.

---

**11:12** 1پاد. 29:8

**12:12 «سىلەر بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**12:12** چۈل. 20:18؛ قان. 9:10؛ 1:18

[13]سەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭنى ئۆزۈڭ كەلگەن جايلاردا قىلماسلىق ئۈچۈن كۆڭۈل قويغىن؛ [14]پەقەت پەرۋەردىگار ھەممە قەبىلىلىرىڭنىڭ زېمىنلىرى ئارىسىدىن تاللىغان جايدا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭنى قىل ۋە شۇ جايدا مېنىڭ ساڭا بارلىق تاپىلىغىنىمغا ئەمەل قىل.
[15]ھالبۇكى، سەن كۆڭلۈڭ تارتقىنىچە پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى بەرىكەتلىگىنى بويىچە شەھەر-يېزىلىرىڭدا ھالال ھايۋانلارنى سويۇپ (خۇددى جەرەن ياكى كېيىك گۆشىدىن يېگەنگە ئوخشاش)، گۆش يېسەڭ بولىدۇ؛ مەيلى پاك، مەيلى ناپاك كىشىلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېسە بولىدۇ. [16]سىلەر پەقەت ئۇنى قېنى بىلەن قوشۇپ يېمەسلىكىڭلار كېرەك؛ سىلەر قېنىنى سۇ تۆككەندەك يەرگە تۆكۈۋېتىشىڭلار كېرەك. [17]سەن ئاشلىقتىن، يېڭى شارابتىن، زەيتۇن مېيىدىن ئوندىن بىرى بولغان ئۆشرىلىرىڭنى ياكى كالا-قوي پادىلىرىڭنىڭ تۇنجى باللىرىنى، ياكى قەسەمگە باغلىق ھەدىيەلىرىڭنى، ئىختىيارىي ھەدىيەلىرىڭنى ياكى قولۇڭدىكى كۆتۈرمە ھەدىيەلىرىڭنى شەھەر-يېزىلىرىڭدا يېمەسلىكىڭ كېرەك؛ [18]بەلكى بۇلارنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ تاللايدىغان جايدا يېيىشىڭ كېرەك، يەنى سەن، ئوغلۇڭ، قىزىڭ، قۇل-دېدەكىڭ ۋە سەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان لاۋىيلار بىرگە يېسەڭ بولىدۇ؛ ۋە سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا ئەمگىكىڭنىڭ بارلىق مېۋىسىدىن شادلىنىسەن. [19]ئۆزۈڭگە ھېزى بولغىنكى، سەن زېمىندا تۇرغان بارلىق كۈنلىرىڭدە لاۋىيلاردىن ۋاز كەچمەسلىكىڭ كېرەك.

---

15:12 **«شەھەر-يېزاڭلاردا...»** — ئىبرانىي تىلدا «دەرۋازىلىرىڭلار ئىچىدە» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

16:12 يار. 4:9؛ لاۋ. 26:7؛ 10:17؛ قان. 23:15

18:12 **«سەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان»** — ئىبرانىي تىلدا «دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ئەمگىكىڭنىڭ بارلىق مېۋىسىدىن...»** — ئىبرانىي تىلدا «قولۇڭلاردىكى بارلىق ئوقەتتىن...»

## قانىنى يېمەسلىك كېرەك

[20]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا ۋەدە قىلغانىدەك چېگرالىرىڭنى
كېڭەيتكەندە، سەن كۆڭلۈڭ تارتىپ: «گۆش يەيمەن» دېسەڭ، سەن
كۆڭلۈڭنىڭ تارتقىنىچە گۆش يېسەڭ بولىدۇ. [21] ئەگەر پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلار ئۆز نامىنى قويۇشقا تاللايدىغان جاي سەندىن بەك
يىراق بولسا، سەن پەرۋەردىگار ساڭا تەقدىم قىلغان كالا-قويلاردىن
ئېلىپ سويىسەن؛ مەن ساڭا تاپىلىغاندەك ئۇلارنى سويىسەن ۋە
شەھەر-يېزىلىرىڭ ئىچىدە كۆڭلۈڭ تارتقىنىچە بوغۇزلاپ يەيسەن.
[22]جەرەن ياكى كېيىك يېگەندەك ئۇلارنى يەيسەن؛ مەيلى پاك مەيلى
ناپاك كىشىلەر بولسۇن ئۇنىڭ گۆشىدىن يېسە بولىدۇ. [23]پەقەت
شۇنىڭدىن ھېزى بولغىنكى، ئۇلارنىڭ قېنىنى يېمە؛ چۈنكى جان
دېگەن قاندىدۇر؛ سەن گۆشنى جان بىلەن قوشۇپ يېمەسلىكىڭ
كېرەك. [24]سەن قانىنى يېمەسلىكىڭ كېرەك؛ بەلكى ئۇنى سۇنى يەرگە
تۆككەندەك يەرگە تۆكۈۋەت. [25]سەن ئۇنى يېمەسلىكىڭ كېرەك؛
شۇنداق قىلساڭ ھالىڭ ۋە سەندىن كېيىنكى بالىلىرىڭنىڭ ھالى
ياخشى بولىدۇ؛ چۈنكى سەن پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس
بولغاننى قىلغان بولىسەن.
[26]بىراق سەندىكى پەرۋەردىگارغا ئاتىغان ۋە قەسەمگە باغلىق
نەرسىلەرنى بولسا، سەن ئۇلارنى ئېلىپ پەرۋەردىگار تاللايدىغان جايغا
ئاپىرىسەن؛ [27]سەن شۇ يەردە پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ قۇربانگاھى
ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭنى، گۆش بىلەن قېنىنى سۇنغىن؛
باشقا قۇربانلىقلىرىڭنىڭ قېنىنىمۇ پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ
قۇربانگاھى ئۈستىدە قۇيغىن ۋە گۆشىنى يېگىن.
[28]مەن ساڭا تاپىلىغان بۇ بارلىق سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ كۆڭۈل
بۆلگىن. شۇنداق قىلساڭ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ نەزىرىدە

**20:12** يار. 4:9؛ لاۋ. 26:7؛ 10:17؛ قان. 23:15

**21:12** **«شەھەر-يېزىلىرىڭلار ئىچىدە»** ــ ئىبرانىي تىلدا «دەرۋازىلىرىڭلار ئىچىدە» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ياخشى ۋە دۇرۇس بولغاننى قىلغان بولسەن ۋە ئۆز هالىڭ ۋە سەندىن
كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭنىڭ هالى ياخشى بولىدۇ.

## بۇتلارنىڭ يىرگىنچلىكى

29 پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سەن بارىدىغان يەردىكى ئەللەرنىڭ
زېمىنىنى ئىگىلىشىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى سېنىڭ ئالدىڭدا يوقىتىدۇ.
شۇ چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ شۇ يەردە تۇرغىنىڭدا،
30 شۇ ئەللەر ئالدىڭدا يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن
مېڭىشقا ئېزىقتۇرۇلماسلىقىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭگە هېزى بول ۋە: ــ
«بۇ ئەللەر ئۆز ئىلاهلىرىنىڭ ئىبادىتىنى قانداق تۇتقان بولغىيدى؟
مەنمۇ شۇنداق قىلىپ باقايچۇ!» دەپ ئۇلارنىڭ ئىلاهلىرىنى هېچ
ئىزدىمە. 31 سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ خىزمىتىدە بولغىنىڭدا
قەتئىي ئۇلارنىڭ يولى بويىچە ئىش تۇتماسلىقىڭ كېرەك؛ چۈنكى
نېمە ئىش پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىك بولسا، نېمە ئىش ئۇنىڭغا
نەپرەتلىك بولسا، ئۇلار ئۆز ئىلاهلىرى ئۈچۈن شۇ ئىشلارنى
قىلغان؛ ئۇلار هەتتا ئۆز ئوغۇللىرىنى ۋە قىزلىرىنىمۇ ئىلاهلىرىغا
ئاتاپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ كەلگەن.

## بۇتپەرەسلىك ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر

32 مەن سىلەرگە تاپىلىغانلىكى ئەمەللەرگە ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل
بۆلۈڭلار؛ ئۇنىڭغا هېچ نېمە قوشماڭلار، ئۇنىڭدىن هېچ نەرسىنى
چىقىرىۋەتمەڭلار.

13 1 ئەگەر ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر ياكى چۈش كۆرگۈچى چىقىپ،
سىلەرگە مەلۇم بىر مۆجىزىلىك ئالامەت ياكى كارامەتنى
كۆرسىتىپ بېرەي دېسە 2 ۋە ئۇ سىلەرگە ئالدىنئالا دېگەن مۆجىزىلىك

32:12 قان. 4:2؛ پەند. 30:6؛ ۋەھ. 18:22

ئالامەت ياكى كارامەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئەمما شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك «باشقا ئىلاھلارغا (يەنى سىلەر تونۇمىغان ئىلاھلارغا) ئەگىشەيلى» ۋە «ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدا بولايلى» دېسە، [3] شۇ پەيغەمبەر ياكى چۈش كۆرگۈچىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار؛ چۈنكى شۇ تاپتا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرنىڭ ئۆنى، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن جېنىڭلار بىلەن سۆيىدىغان-سۆيمەيدىغىنىڭلارنى بىلىش ئۈچۈن سىناۋاتقان بولىدۇ.

[4]سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا ئەگىشىپ مېڭىشىڭلار كېرەك؛ سىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار، ئەمرلىرىنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىڭلار؛ سىلەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئۇنىڭغا باغلىنىڭلار. [5] شۇ پەيغەمبەر ياكى چۈش كۆرگۈچى بولسا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشى كېرەك؛ چۈنكى ئۇ سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىقارغان، يەنى «قۇللۇق ماكانى»دىن ھۆرلۈك بەدىلى تۆلەپ قۇتقۇزغان پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا ئاسىيلىق قىلىشنى قۇتراتتى، شۇنداقلا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىنى مېڭىشقا ئەمر قىلغان يولدىن ئېزىقتۇرۇشقا ئۇرۇندى؛ سىلەر مۇشۇنداق رەزىللىكنى ئاراڭلاردىن يوقىتىشىڭلار كېرەك.

## ئائىلىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان ساختا پەيغەمبەرلەر

[6-7]قېرىندىشىڭ، مەيلى ئاناڭنىڭ ئوغلى ياكى ئۆز ئوغلۇڭ ياكى قىزىڭ، جان-جىگىرىڭ بولغان ئايالىڭ ياكى جان دوستۇڭ ئاستىرتىن سېنى ئازدۇرماقچى بولۇپ: «بارايلى، باشقا ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرەيلى» دېسە، يەنى ئۆزۈڭ ياكى ئاتا-بوۋىلىرىڭ ھېچ تونۇمايدىغان، ئەتراپىڭدىكى ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرى بولسۇن، يېقىن بولسۇن، يىراق بولسۇن، ھەتتا يەر يۈزىنىڭ بۇ چېتىدا ياكى ئۇ چېتىدا بولسۇن، شۇلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرەيلى

---

**4:13** قان. 20:10

**5:13** قان. 20:18؛ يەر. 15:14

دېسە، [8] ئۇنداقتا سەن ئۇنىڭغا قوشۇلما ياكى ئۇنىڭغا قۇلاق
سالما؛ سەن ئۇنى ھېچ ئايىما، ئۇنىڭغا رەھىم قىلما ۋە ئۇنىڭ
گۇناھىنى ھېچ يوشۇرما؛ [9] قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرگىن؛
ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تۇنجى قول سالغۇچى سەن بول، ئاندىن بارلىق
خەلقنىڭ قوللىرى ئەگىشىپ شۇنداق قىلسۇن. [10] ئۇ سېنى مىسىر
زېمىنىدىن، «قۇللۇق ماكانى»دىن قۇتقۇزۇپ چىقارغان پەرۋەردىگار
خۇدايىڭنى تاشلاشقا ئېزىقتۇرماقچى بولدى، شۇڭا سەن ئۇنى
ئۆلتۈرۈشۈڭ، چالما-كېسەك قىلىشىڭ كېرەك؛ [11] شۇنىڭ بىلەن
پۈتكۈل ئىسرائىل ئاڭلايدۇ، قورقىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە
شۇنداق رەزىل ئىشنى ئاراڭلاردا قىلمايدۇ.

## مەلۇم يۇرتتىكىلەر تويلىشىپ قىلغان بۇتپەرەسلىكنىڭ جازاسى

[12-13] ئەگەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئولتۇراقلىشىشقا ساڭا تەقدىم
قىلغان مەلۇم بىر شەھەردە: «ئارىمىزدىن بەزى رەزىل ئادەملەر
چىقىپ: «بارايلى، باشقا ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىدا بولايلى» دەپ سىلەر
ھېچ تونۇمايدىغان ئىلاھلارغا ئەگىشىشكە ئۆز شەھىرىدىكىلەرنى
ئېزىقتۇردى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىساڭ، [14] شۇ ھامان تەكشۈرۈپ
سۈرۈشتە قىل؛ راست بولسا، دەرۋەقە بۇ يىرگىنچلىك ئىش ئاراڭلاردا يۈز
بەرگەنلىكى ئىسپاتلانغان بولسا، [15] ئۇنداقتا سەن شۇ شەھەردىكىلەرنى
قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈپ، بۇ شەھەرنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق
نەرسىلەرنى، جۈملىدىن مال-ۋارانلىرىنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىۋەت.
[16] ئۇنىڭدىكى بارلىق ئولجىنى ئوتتۇرىدىكى چوڭ مەيدانغا يىغىپ،
شۇ شەھەرنى بارلىق ئولجىسى بىلەن قوشۇپ پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا

**7-6:13** **«جان-جىگىرىڭ بولغان ئايالىڭ»** — ئىبرانىي تىلىدا «قۇچىقىڭدىكى ئايالىڭ».

**6-7:13** قان. 2:17

**8:13** **«سەن ئۇنى ھېچ ئايىما...»** — ئىبرانىي تىلىدا «كۆزۈڭ ئۇلارنى ھېچ ئايىمىسۇن...».

**9:13** قان. 7:17

**11:13** قان. 13:17

**13-12:13** **«بەزى رەزىل ئادەملەر...»** — ئىبرانىي تىلىدا «بېلىئال (ئىبلىس)نىڭ بەزى بالىلىرى...»

ئاتالغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقتەك ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋەت؛ ئۇ مەڭگۈگە
خارابىلىك بولىدۇ ــ قايتىدىن قۇرۇلماسلىقى كېرەك. [17]تەلتۆكۈس
ھالاكەتكە بېكىتىلگەن ھېچبىر نەرسە قولۇڭغا چاپلاشمىسۇن؛ شۇنداق
قىلساڭ پەرۋەردىگار غەزىپىدىن يېنىپ ساڭا رەھىم كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ
ساڭا ئىچىنى ئاغرىتىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قەسەم قىلغاندەك سېنى
كۆپەيتىدۇ. [18]سەن مەن بۈگۈن تاپىلىغان پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ
بارلىق ئەمرلىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلىش
ئۈچۈن ئاۋازىغا قۇلاق سالساڭ، ھالىڭ شۇنداق ياخشى بولىدۇ.

## پەرۋەردىگار ئالدىدىكى ھالاللىق ۋە ھاراملىق ــ ھالال ۋە ھارام جانىۋارلار

14 [1]سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ پەرزەنتلىرىدۇرسىلەر؛
ئۆلگەنلەر ئۈچۈن بەدىنىڭلارنى ھېچ كەسمەسلىكىڭلار
كېرەك ۋە ياكى ماڭلاي چېچىڭلارنى قىرىپ تاقىر قىلماسلىقىڭلار
كېرەك؛ [2]چۈنكى سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئاتالغان مۇقەددەس
بىر خەلقتۇرسەن؛ پەرۋەردىگار يەر يۈزىدىكى بارلىق خەلقلەر ئارىسىدىن
ئۆزىنىڭ ئالاھىدە گۆھىرى بولغان بىر خەلق بولۇشى ئۈچۈن سېنى
تاللىغاندۇر. [3]سەن ھېچقانداق يىرگىنچلىك نەرسىنى يېمەسلىكىڭ
كېرەك.
[4]تۆۋەندىكىلەر سىلەر يېيىشكە بولىدىغان ھايۋانلار: ــ كالا، قوي،
ئۆچكە؛ [5]كېيىك، جەرەن، بۇغا، ياۋا ئۆچكە، ئاھۇ، بۆكەن، ياۋا قوي،

**1:14** «ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ... ماڭلاي چېچىڭلارنى قىرىپ تاقىر قىلماسلىقىڭلار كېرەك» ــ بۇتپەرەس قانائانىيلار ئارىسىدا شۇنداق ئۆرپ-ئادەتلەر كۆپ ئىدى.

**1:14** لاۋ. 27:19،28؛ 5:21

**2:14** قان. 6:7؛ 18:26

**4:14** لاۋ. 2:11

**[6]شۇنداقلا ھايۋانلار ئىچىدە تۇياقلىرى پۇتۇنلەي ئاچىماق (تۇياقلىرى
پۇتۇنلەي يېرىق) ھەم كۆشىگۈچى ھايۋانلارنىڭ ھەرخىلىنى يېسەڭلار
بولىدۇ. [7] لېكىن، كۆشىگۈچى ياكى ئاچىماق تۇياقلىق ھايۋانلاردىن
تۆۋەندىكىلەرنى يېمەسلىكىڭلار كېرەك: ــ
تۆگە، توشقان ۋە سۇغۇر (چۈنكى ئۇلار كۆشىگۈچى بولغىنى بىلەن
تۇيىقى ئاچىماق ئەمەستۇر. شۇڭا ئۇلار سىلەرگە ھارام بولىدۇ).
[8]چوشقا بولسا تۇياقلىرى ئاچىماق بولغىنى بىلەن كۆشىمىگىنى
ئۈچۈن سىلەرگە ھارام بولىدۇ. شۇنداق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى
يېمەسلىكىڭلار كېرەك ۋە ھەم ئۆلۈكلىرىگە تەگمەسلىكىڭلار كېرەك.
[9]سۇدا ياشايدىغان جانىۋارلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى يېيىشكە بولىدۇ:
ــ سۇدىكى جانىۋارلاردىن قانىتى ۋە قاسىراقلىرى بولغانلارنى
يېيىشكە بولىدۇ، [10]لېكىن قانىتى ۋە قاسىراقلىرى بولمىغانلارنى
يېمەسلىكىڭلار كېرەك؛ ئۇلار سىلەرگە نىسبەتەن ھارام بولىدۇ.
[11]بارلىق ھالال قۇشلارنى يېسەڭلار بولىدۇ؛ [12]بىراق تۆۋەندىكى ئۇچار-
قاناتلارنى يېمەسلىكىڭلار كېرەك: يەنى بۈركۈت، تاپقۇش-غېچىرلار،
دېڭىز بۈركۈتى، [13] قارلىغاچ قۇيرۇقلۇق سار، لاچىن، قورۇلتاز-
تاپقۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ خىللىرى، [14]ھەممە قاغا-قوزغۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ
خىللىرى، [15]مۇشۇكياپىلاق، تۆگىقۇش، چايكا، سار ۋە ئۇلارنىڭ
خىللىرى، [16]ھۇۋقۇش، ئىبىس، ئاق قۇ، [17] ساقىيقۇش، بېلىقئالغۇچ،
قارنا، [18] لەيلەك، تۇرنا ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، ھۆپۈپ بىلەن شەپەرەڭ**

---

6:14 **«كۆشىگۈچى ھايۋانلار»** ــ مۇشۇ يەردە ئىككى-ئۈچ ئاشقازىنى بار ھايۋانلارنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئوزۇقنى يۇمشاق چاينايدىغان بارلىق ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7:14 **«سۇغۇر»** ــ ياكى «سىچقان» ــ تاغلاردا ياشايدىغان كىچىك بىر ھايۋان.

12:14 **«تاپقۇش-غېچىرلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇستىخان چاققۇچى قۇش». يەنى بىر تەرجىمىسى «بېلىقئالغۇچ».

16:14 **«ھۇۋقۇش»** ــ ياكى «كىچىك ھۇۋقۇش». **«ئاق قۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدىن بۇنىڭ قانداق قۇش ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس.

17:14 **«ساقىيقۇش»** ــ ساقىيقۇش ياكى «سۇغا سۇڭگۈگۈچى». ئىبرانىي تىلىدىن بۇنىڭ قانداق قۇش ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس. **«قارنا»** ــ ياكى «قوتان».

دىگەنلەر سىلەرگە ھارام سانالسۇن. [19]ھەربىر قاناتلىق ئۆمىلىگۈچى ھاشارەتلەر بولسا سىلەرگە نىسبەتەن ھارام بولىدۇ؛ ئۇلارنى يېمەسلىكىڭلار كېرەك.
[20]سىلەر بارلىق ھالال قۇشلارنى يېسەڭلار بولىدۇ.
[21]سىلەر ھېچقانداق ئۆلۈك جانىۋارنى يېمەسلىكىڭلار كېرەك؛ سىلەر ئۇنداق نەرسىنى شەھەر-يېزاڭلار ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارغا بېرىڭلار؛ ئۇلار ئۇنىڭدىن يېسە بولىدۇ ياكى ئۇنى يات ئەللىكلەركە سېتىۋەتسىمۇ بولىدۇ؛ چۈنكى سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئاتالغان مۇقەددەس بىر خەلقتۇرسەن. سەن ئوغلاقنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە قاينىتىپ پىشۇرساڭ بولمايدۇ.

## پەرۋەردىگارغا بېغىشلاش

[22]سەن جەزمەن ھەر يىلى ئېتىزدىكى ھەممە تېرىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىڭنىڭ ئوندىن بىرىنى ئايرىشىڭ كېرەك؛ [23]سەن شۇلارنى، يەنى ئاشلىقىڭ، يېڭى شارابىڭ، زەيتۇن مېيىڭنىڭ ئوندىن بىرىنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا، يەنى ئۇ ئۆز نامىنى قالدۇرۇشقا تاللايدىغان جايدا يە، شۇنداقلا كالا-قوي پادىلىرىدىن ئايرىلغان تۇنجى بالىلىرىنى شۇ يەردە يە؛ شۇنداق قىلساڭ پەرۋەردىگار

---

18:14 **«تۇرنا»** — ياكى «قوتان». **«لەيلەك، تۇرنا ... دىگەنلەر سىلەرگە ھارام سانالسۇن»** — بۇ ھالال ۋە ھارام نەرسىلەر توغرۇلۇق «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.
19:14 **«ھەربىر قاناتلىق ئۆمىلىگۈچى ھاشارەتلەر ... ئۇلارنى يېمەسلىكىڭلار كېرەك»** — بۇ تېزىملىكتىكى قۇشلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى نامى تەۋراتتا پەقەت بىر-ئىككى قېتىم كۆرۈنگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قايسى قۇشلار ئىكەنلىكىنى توپتوغرا بېكىتىش بەزىدە مۇمكىن بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تىپلىرى، شۇبھىسىزكى، تەرجىمىمىزدەك بولىدۇ.
21:14 **«شەھەر-يېزاڭلار ئىچىدە»** — ئىبرانىي تىلىدا «دەرۋازىلىرىڭلار ئىچىدە» دىگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ئوغلاقنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە قاينىتىپ پىشۇرساڭ بولمايدۇ»** — بۇ ئەمر بەلكىم ئەتراپتىكى بۇتپەرەس خەلقلەرنىڭ مەلۇم ئۆرپ-ئادىتىگە ئەگەشمەسلىك كېرەكلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ توغرۇلۇق يەنە «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.
**21:14** مىس. 19:23؛ 26:34

خۇدايىڭدىن دائىم قورقۇشنى ئۆگىنىسەن.
[24]ۋە پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى بەرىكەتلىگەندە، ئۇ ئۆز نامىنى قالدۇرۇشقا تاللىغان شۇ جاي سەندىن ئىنتايىن يىراق بولۇپ، مەھسۇلاتلىرىڭنى شۇ يەرگە ئاپىرالمىغۇدەك بولساڭ، [25]سەن شۇ چاغدا ئۇنى پۇلغا سېتىپ، پۇلنى قولۇڭغا تېڭىپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ تاللىغان جايغا بارغىن [26]ۋە كۆڭلۈڭ نېمە تارتسا، مەيلى كالا، قوي، مەي-شاراب، مۇسەللەس بولسۇن، ياكى شۇنىڭدەك كۆڭلۈڭ تارتقان ھەرقانداق نەرسىنى شۇ پۇلغا ئالساڭ بولىدۇ؛ ئاندىن سەن ۋە ئۆيىڭدىكىلەر شۇ يەردە ئۇنىڭدىن يەپ-ئىچىپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا شاد-خۇرام بولىسىلەر.
[27]شەھەر-يېزىلىرىڭدا تۇرۇۋاتقان لاۋىيلارنى ئۇنتۇماسلىقىڭ كېرەك، چۈنكى ئاراڭلاردا ئۇنىڭ ھېچقانداق نېسىۋىسى ياكى مىراسى يوق. [28]ھەر ئۈچ يىلنىڭ ئاخىرىدا سەن شۇ يىلدىكى مەھسۇلاتلىرىڭدىن ئوندىن بىرىنى ئۆشرە قىلىپ چىقار؛ سەن ئۇنى شەھەر-يېزىلىرىڭ ئىچىدە توپلا؛ [29]شۇنىڭ بىلەن لاۋىيلار (چۈنكى ئاراڭلاردا ئۇنىڭ ھېچقانداق نېسىۋىسى ياكى مىراسى يوق)، مۇساپىر، يېتىم-يېسىرلەر ۋە تۇل خوتۇنلار كېلىپ ئۇنىڭدىن يەپ تويۇنسۇن؛ شۇنداق قىلساڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ قولۇڭدىكى بارلىق مېۋىنى بەرىكەتلەيدۇ.

---

**23:14** قان. 12:17،18.

**26:14** مات. 12:21

**27:14** **«شەھەر-يېزىلىرىڭدا»** — ئىبرانيي تىلدا «دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدە» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**27:14** چۆل. 20:18، 24؛ قان. 9:10؛ 12:12؛ 1:18، 2؛ 12:26

**28:14** **«شەھەر-يېزىلىرىڭ ئىچىدە»** — ئىبرانيي تىلدا «دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدە» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## قەرزلەردىن خالاس قىلىش

15 [1]ھەربىر يەتتە يىلنىڭ ئاخىرىدا سەن بىر «خالاس قىلىش»نى
جاكارلىغىن. [2]بۇ «خالاس قىلىش» مۇنداق بولىدۇ: ــ بارلىق
قەرز ئىگىلىرى قوشنىسىغا بەرگەن قەرزنى كەچۈرۈم قىلىشى كېرەك؛
ئۇنى قوشنىسىدىن ياكى قېرىندىشىدىن تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك؛
چۈنكى پەرۋەردىگار ئالدىدا بىر «خالاس قىلىش» جاكارلاندى.
[3]چەتئەللىكتىن بولسا تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ؛ لېكىن قېرىندىشىڭدا
بولغان قەرزنى كەچۈرۈم قىلىشىڭ كېرەك.
[4]ھالبۇكى، ئاراڭلاردا ھاجەتمەنلەر بولمايدۇ؛ چۈنكى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭ سىلەرگە مىراس بولۇش ئۈچۈن ئىگىلىشىڭلارغا
بېرىدىغان شۇ زېمىندا تۇرغىنىڭدا سېنى زىيادە بەرىكەتلەيدۇ؛
[5]پەقەت سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق
سېلىپ، مەن سىلەرگە بۈگۈن تاپىلىغان بۇ پۈتۈن ئەمرگە ئەمەل
قىلىشقا كۆڭۈل بۆلسەڭلار شۇنداق بولىدۇ. [6]چۈنكى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭ ساڭا ۋەدە قىلغاندەك ئۇ سېنى بەرىكەتلەيدۇ؛ سەن كۆپ
ئەللەرگە كاپالەتلىك ئېلىپ قەرز بېرىسەن، لېكىن ئۇلاردىن قەرز
ئالمايسەن؛ سەن كۆپ ئەللەر ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىسەن، لېكىن
ئۇلار ئۈستۈڭدىن ھۆكۈم سۈرمەيدۇ.

## سېخىي بولۇڭلار!

[7]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا بېرىدىغان زېمىندا شەھەر-يېزاڭلار
ئىچىدە تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىڭ ئارىسىدىن كەمبەغەل بىر
ئادەم بولسا، سەن ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى قاتتىق قىلما ياكى ھاجىتى

---

**1:15** مىس. 2:21؛ يەر. 14:34

2:15 **«... پەرۋەردىگار ئالدىدا بىر «خالاس قىلىش» جاكارلاندى»** ــ بەزى ئالىملار بۇ «خالاس قىلىش» دېگەنىنىڭ مەنىسى، قەرز ئىگىلىرى **يەتتە يىل ئىچىدە** قەرزدارلاردىن قەرزنى سورىماسلىقى كېرەك؛ لېكىن يەتتىنچى يىلدىن كېيىن قەرزلەرنى قايتىدىن سوراشقا بولىدۇ، دەپ بېكىتىلگەن، دەپ قارايدۇ.

چۈشكەن قېرىندىشىڭغا قولۇڭنى يۇمۇۋالما؛ [8] سەن بەلكى سېخىيلىق بىلەن ئۇنىڭغا قولۇڭنى ئوچۇق قىل ۋە ئۇنىڭدا نېمە كەم بولسا چوقۇم ھاجىتىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا ئۆتنە بېرىپ تۇر. [9] كۆڭلۈڭدە نامرات قېرىندىشىڭدىن ئاغرىنىپ: يەتتىنچى يىل، يەنى «خالاس يىلى» يېقىنلاشتى، دەپ رەزىل ئويدا بولۇشتىن، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بەرمەسلىكتىن ھېزى بول؛ شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇ سېنىڭ توغراڭدا پەرۋەردىگارغا پەرياد كۆتۈرۈشى بىلەن بۇ ئىش ساڭا گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. [10] سەن چوقۇم ئۇنىڭغا سېخىيلىق بىلەن بەرگىن؛ ئۇنىڭغا بەرگىنىڭدە كۆڭلۈڭدە نارازى بولما؛ چۈنكى بۇ ئىش ئۈچۈن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى بارلىق ئىشلىرىڭدا ۋە قولۇڭدىكى بارلىق ئەمگىكىڭدە بەرىكەتلەيدۇ. [11] چۈنكى كەمبەغەللەر زېمىندىن يوقاپ كەتمەيدۇ؛ شۇڭا مەن ساڭا: «سەن سېخىيلىق بىلەن زېمىندىكى قېرىندىشىڭغا، يەنى سېنىڭ نامراتلىرىڭغا ۋە ھاجەتمەنلىرىڭگە قولۇڭنى ئاچقىن» ــ دەپ تاپىلىدىم.

## قۇللارنى قويۇۋېتىش

[12] سېنىڭ قېرىندىشىڭ، مەيلى ئىبرانىي ئەر ياكى ئىبرانىي ئايال بولسۇن ساڭا سېتىلغان بولسا، ئۇ ئالتە يىل قۇللۇقۇڭدا بولىدۇ، ئاندىن يەتتىنچى يىلىدا سەن ئۇنى ئۆزۈڭدىن خالاس قىلىپ قويۇۋەت. [13] ئۇنى قويۇۋەتكەندە قۇرۇق قول قويۇۋەتسەڭ بولمايدۇ؛ [14] سەن چوقۇم قوييلىرىڭدىن، خامىنىڭدىن ۋە شاراب كۆلچىكىڭدىن نەقدىم قىلىشىڭ كېرەك؛ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ

7:15 **«شەھەر-يېزاڭلار ئىچىدە»** ــ ئىبرانىي تىلدا «دەرۋازىلىرىڭلار ئىچىدە» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

9:15 **«...نامرات قېرىندىشىڭدىن ئاغرىنىپ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «نامرات قېرىندىشىڭغا كۆزۈڭنى رەزىل قىلىپ» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**10:15** مات. 42:5؛ لۇقا 35:6

**11:15** مات. 11:26؛ يۇھ. 8:12

**12:15** مىس. 2:21؛ يەر. 14:34

سىنى بەرىكەتلىگىنى بويىچە سەن ئۇنىڭغا بەر. [15]سىنىڭ ئەسلىدە مىسىر زېمىنىدا قۇل بولغانلىقىڭنى، شۇنىڭدەك پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى ھۆرلۈك بەدىلى تۆلەپ قۇتقۇزغانلىقىنى يادىڭدا تۇت؛ شۇڭا مەن بۈگۈن بۇ ئىشنى ساڭا تاپىلىدىم.
[16]ھالبۇكى، شۇ قۇلۇڭ ساڭا: «مەن سەندىن كەتمەيمەن» دېسە (چۈنكى ئۇ سېنى ۋە ئائىلەڭدىكىلەرنى سۆيىدۇ، سېنىڭ بىلەن ھالى ياخشى بولىدۇ) [17]ــ شۇ چاغدا سەن بىگىزنى ئېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى ئىشىكتە تەش. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەڭگۈگە سېنىڭ قۇلۇڭ بولىدۇ. شۇنىڭدەك دېدەكىڭگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلغىن.
[18]قۇلۇڭنى يېنىڭدىن قويۇۋېتىش ساڭا ئېغىر كەلمىسۇن؛ چۈنكى ئۇ قۇللۇقۇڭدا ئالتە يىل بولغاچقا، قىممىتى مەدىكارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ؛ ئۇنى قويۇۋەتسەڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ بارلىق ئىشلىرىڭدا سېنى بەرىكەتلەيدۇ.

## خۇداغا ئەڭ ئېسىلنى بېغىشلاش

[19]كالىلىرىڭ ۋە قويلىرىڭ ئارىسىدا تۇغۇلغان بارلىق تۇنجى ئەركەك موزاي-قوزىلىرىڭنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئاتا؛ كالىلىرىڭنىڭ تۇنجىسىنى ھېچقانداق ئەمگەككە سالما، قويلىرىڭنىڭ تۇنجىسىنى قىرقىما. [20]سەن ۋە ئۆيۈڭدىكىلەر ھەر يىلى شۇ مېلىڭنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا، پەرۋەردىگار تاللايدىغان جايدا يەڭلار. [21]بىراق شۇ ھايۋانلارنىڭ بىر يېرى مېيىپ بولسا، مەيلى ئۇ مەجرۇھ ، كور ياكى ئۇنىڭدا ھەرقانداق نۇقسان بولسا، ئۇنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا قۇربانلىق

**17:15** مىس. 6:21
**18:15** «**قىممىتى مەدىكارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ**» ــ قۇل ھەركۈنى ئىگىسى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ۋاقىت مەدىكار ئىشلىگەن ۋاقىتنىڭ ئىككى ھەسسىدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن؛ چۈنكى قۇل كېچە-كۈندۈز خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا تۇرۇشى كېرەك.
**19:15** مىس. 2:13؛ 29:22؛ 19:34؛ لاۋ. 26:27؛ چۆل. 13:3

قىلماسلىقى كېرەك. [22] بەلكى ئۇنى شەھەر-يېزاڭلار ئىچىدە
يېسەڭ بولىدۇ؛ كىشىلەر مەيلى پاك ياكى ناپاك بولسۇن، ئۇنى
جەرەن ياكى كېيىكنى يېگەندەك يېسە بولىدۇ. [23] پەقەت سەن
ئۇنىڭ قېنىنى يېمە؛ قېنىنى سۇنى يەرگە تۆككەندەك تۆكۈۋەت.

## «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» ۋە «پېتىر نان ھېيتى»

16 [1] ئابىب ئېيىنى ئالاھىدە ئېسىڭدە تۇت ۋە ئۆتۈپ كېتىش
ھېيتىنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئاتاپ تەبرىكلىگىن؛
چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى ئابىب ئېيىدا مىسىردىن كېچىدە
چىقارغان. [2] سەن «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نىڭ مېلىنى (مەيلى
قوي ياكى كالا پادىسىدىن بولسۇن) پەرۋەردىگار خۇدايىڭ تاللاپ
بېكىتىدىغان جايدا ئۇنىڭغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغىن؛ [3] شۇنىداقلا
سەن ھېچقانداق بولدۇرۇلغان ناننى يېمەسلىكىڭ كېرەك؛ سەن ئۇنىڭ
بىلەن يەتتە كۈن پېتىر نان، يەنى «كۈلپەت نېنى»نى يېيىشىڭ كېرەك؛
چۈنكى سەن مىسىر زېمىنىدىن ئالدىراشلىقتا چىقتىڭ؛ شۇنىڭ بىلەن
سەن ئۆمرۈڭنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە مىسىر زېمىنىدىن چىققان شۇ
كۈننى يادىڭدا تۇتقايسەن. [4] يەتتە كۈن چېگرالىرىڭ ئىچىدە، ئۆيۈڭدە
ھېچقانداق ئېچىتقۇ تېپىلمىسۇن؛ سەن بىرىنچى كۈنى كەچتە قىلغان

**21:15** لاۋ. 20:22؛ قان. 1:17

**22:15** **«شەھەر-يېزاڭلار ئىچىدە»** — ئىبرانىي تىلىدا «دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدە» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**23:15** قان. 16:12،23

**1:16** **«ئابىب ياكى «نىسان» ئېيى»** — خۇدا ئىبرانىيلارغا تاپشۇرغان كالېندارنىڭ بىرىنچى ئېيى. «مىس.» 12-بابنى كۆرۈڭ. **«ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»** — ئىبرانىي تىلىدا «پەساخ» ياكى «پاسخا» دېگەن سۆز بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ.

**1:16** مىس. 2:12؛ لاۋ. 5:23؛ چۆل. 1:9؛ 16:28

**3:16** مىس. 19:12؛ 18:34

قۇربانلىق گۆشلىرىنى ئەتىگەنگە قالدۇرماسلىقىڭ كېرەك.
[5]سەن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى قۇربانلىقىنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا
تەقدىم قىلىدىغان شەھەر-يېزىلىرىڭنىڭ ھەرقاندىقىدا قىلساڭ
بولمايدۇ؛ [6]بەلكى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى قۇربانلىقىنى سەن پەرۋەردىگار
خۇدايىڭ ئۆز نامىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تاللايدىغان جايدىلا قىل؛ ئۇنى
كەچقۇرۇن، كۈن پېتىش ۋاقتىدا، يەنى مىسىردىن چىققاندىكى ۋاقىتتا
ئوخشاش ۋاقىتتا قىلىسەن. [7]ئۇنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ تاللايدىغان جايدا
پىشۇرۇپ يېگىن؛ ئاندىن ئەتىگەندە چېدىرلىرىڭغا قايتساڭ بولىدۇ.
[8]سەن ئالتە كۈن پېتىر نان يەيسەن؛ يەتتىنچى كۈنى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭ ئالدىدا تەنتەنىلىك سورۇن كۈنى بولىدۇ؛ سەن ھېچقانداق
ئىش-ئەمگەك قىلمايسەن.

## «ھەپتىلەر ھېيتى»

[9]ئاندىن يەتتە ھەپتىنى سانايسەن؛ ئاشلىقتا ئورغاق سالغاندىن
باشلاپ يەتتە ھەپتىنى ساناشقا باشلايسەن؛ [10] ئاندىن سەن
«ھەپتىلەر ھېيتى»نى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا قولۇڭدىكى
ئىختىيارىي ھەدىيە بىلەن ئۆتكۈزىسەن؛ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا
بەرىكەتلىگىنىگە قاراپ ئۇنى ئىختىيارەن سۇنىسەن. [11]شۇنىڭ
بىلەن سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا، ئۇ ئۆز نامىنى تۇرغۇزۇشقا
تاللايدىغان جايدا شادلىنىسەن؛ سەن ئۆزۈڭ، ئوغلۇڭ، قىزىڭ، قۇلۇڭ،
دېدىكىڭ، سەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان لاۋىيلار، ئاراڭلاردىكى
مۇساپىرلار، يېتىم-يېسىرلەر ۋە تۇل خوتۇنلار شادلىنىسىلەر. [12]سەن
شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە مىسىردا قۇل بولغانلىقىڭنى ئېسىڭگە
كەلتۈرۈپ، بۇ بارلىق بەلگىلىمىلەرنى تۇتۇپ ئەمەل قىلغىن.
[13-14]سەن «كەپىلەر ھېيتى»نى يەتتە كۈن ئۆتكۈزىسەن؛ سەن خامان

---

**4:16** مىس. 10:12؛ 7:13؛ 18:23؛ 25:34

**9:16** **«ئاشلىق»** ــ مۇشۇ يەردە ئارپىنى كۆرسىتىدۇ.

**9:16** مىس. 16:23؛ لاۋ. 15:23؛ چۆل. 26:28

ۋە شاراب كۆلچىكىڭنى يىغقان چېغىڭدا، ئوغلۇڭ، قىزىڭ، قۇلۇڭ، دېدىكىڭ، شەھەر دەرۋازىسى ئىچىدە تۇرىدىغان لاۋىيلار، مۇساپىرلار، يېتىم-يېسىرلەر ۋە تۇل خوتۇنلار شۇ ھېيتتا شادلىنىسىلەر.
[15]پەرۋەردىگار تاللايدىغان جايدا سەن يەتتە كۈن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا ھېيت ئۆتكۈزىسەن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ بارلىق مەھسۇلاتلىرىڭدا، قولۇڭ قىلغان ئىشلاردا سېنى بەرىكەتلەيدۇ ۋە سەن دەرۋەقە پۈتۈنلەي شادلىنىسەن.
[16]يىلدا ئۈچ قېتىم، پېتىر نان ھېيتى، ھەپتىلەر ھېيتى ۋە كەپىلەر ھېيتىدا سېنىڭ بارلىق ئەركەكلىرىڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا، ئۇ تاللايدىغان جايدا ھازىر بولۇشى كېرەك؛ ئۇلار پەرۋەردىگار ئالدىدا قۇرۇق قول ھازىر بولسا بولمايدۇ؛ [17] بەلكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ساڭا تەقدىم قىلغان بەرىكىتى بويىچە ھەربىرى قولىدىن كېلىشىچە سۇنسۇن.

## ئادالەت يۈرگۈزۈش

[18]خەلقىڭ ئۈستىدىن ئادالەت يۈرگۈزۈپ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا تەقدىم قىلىدىغان بارلىق شەھەر-يېزىلىرىڭ ئىچىدە ھەربىر قەبىلىدە سوراقچى ۋە ئەمەلدارلارنى بېكىتىشىڭ كېرەك. [19] ئادالەتنى بۇرمىلىساڭ بولمايدۇ؛ ئادەملەرگە يۈز-خاتىرە قىلساڭ بولمايدۇ؛ پارا ئالساڭ بولمايدۇ؛ پارا بولسا ئاقىلانىلەرنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىدۇ ھەم ئادىللارنىڭ سۆزلىرىنى بۇرمىلايدۇ. [20] سەن مۇتلەق ئادالەتنى ئىزدىشىڭ كېرەك؛ شۇنداق قىلساڭ ھايات كۆرىسەن

**14:16-13** مىس. 16:23؛ لاۋ. 34:23
**16:16** مىس. 15:23، 17؛ 23:34
**18:16** **«شەھەر-يېزاڭلار ئىچىدە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «دەرۋازىلىرىڭلار ئىچىدە» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
**19:16** مىس. 8:23؛ لاۋ. 15:19؛ قان. 17:1

ھەمدە پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا تەقدىم قىلىدىغان زېمىننى
ئىگىلەيسەن.

## ھەرقانداق بۇتپەرەسلىكتىن يىراق تۇرۇش

[21]سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياسايدىغان پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ
قۇربانگاھىنىڭ ئەتراپىغا «ئاشەراھ» بۇتى قىلىنىدىغان ھېچقانداق
دەرەخ تىكمەسلىكىڭ كېرەك [22] ۋە ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھېچقانداق بۇت
تۈۋرۈكى تىكلىمەسلىكىڭ كېرەك؛ ئۇنداق نەرسىلەر پەرۋەردىگار
خۇدايىڭغا يىرگىنچلىكتۇر.

# 17

[1] پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ھەرقانداق نۇقسانى ياكى باشقا
كەمچىلىكى بولغان كالا ياكى قوينى قۇربانلىق سۈپىتىدە
سۇنماسلىقىڭ كېرەك؛ چۈنكى ئۇنداق قىلىش پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا
يىرگىنچلىكتۇر.
[2-3]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا تەقدىم قىلىدىغان شەھەر-يېزاڭ ئىچىدە
ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، بىرسىنىڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ
ئالدىدا بىرەر رەزىل ئىشنى قىلغانلىقى ــ ئۇنىڭ ئەھدىسىگە
خىلاپلىق قىلغانلىقى، باشقا ئىلاھلارغا (مەسىلەن، مەن ساڭا
ئىبادەت قىلىشقا مەنئى قىلغان قۇياش، ئاي ياكى پۈتكۈل ساماۋى
قوشۇن بولغان يۇلتۇزلارغا)، ئىبادەت قىلىپ ئۇلارغا باش ئۇرغانلىقى
بايقالسا، [4] ــ شۇنداق بىر ئىشتىن خەۋەر تاپقان ياكى ئۇنى ئاڭلىغان

---

**21:16** **«ئاشەراھ بۇتى»** ــ بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم ئايال بۇت شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**1:17** لاۋ. 22:20-25؛ قان. 21:15

**3-2:17** **«شەھەر-يېزاڭلار ئىچىدە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «دەرۋازىلىرىڭلار ئىچىدە» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ساماۋى قوشۇن بولغان يۇلتۇزلار»** ــ بۇلار توغرۇلۇق 19:4نى ۋە ئىزاھاتىنى كەرۈڭ.

**2-3:17** قان. 7:13

بولساڭ، ئۇنداقتا سەن ئەستايىدىللىق بىلەن سۈرۈشتۈرگىن؛ بۇ
ئىش ئىسپاتلىنىپ راست چىقسا، دەرۋەقە ئىسرائىلدا شۇنداق
يىرگىنچلىك ئىش قىلىنغان بولسا، [5]سەن شۇ رەزىل ئىشنى قىلغان
ئەر ياكى ئايالنى دەرۋازىلىرىڭغا ئېلىپ چىقىپ، شۇ ئەر ياكى ئايالنى
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ چالما-كېسەك قىلىشىڭ كېرەك. [6]بىرسىنى
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ سۆزلىرى
بولۇشى كېرەك. بىرسىنى بىرلا گۇۋاھچىنىڭ سۆزى بىلەن ئۆلتۈرۈشكە
بولمايدۇ. [7]ئۆلتۈرۈلىدىغاندا ئاۋۋال گۇۋاھچىلار قول سالسۇن، ئاندىن
بارلىق خەلق قول سالسۇن؛ شۇنداق قىلساڭلار سىلەر رەزىللىكنى
ئاراڭلاردىن ھەيدىۋېتىسىلەر.

## ئالىي سوت

[8]شەھەر-يېزاڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىشقا ساڭا تەس كېلىدىغان بىر ئىش
چىقسا، مەيلى خۇن دەۋاسى، ھەق-تەلەپ دەۋاسى ياكى زوراۋانلىق
دەۋاسىدا، ھەرقانداق تالاش-تارتىش بولسا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ
پەرۋەردىگار خۇدايىڭ تاللايدىغان جايغا بېرىڭلار. [9]سىلەر لاۋىي
كاھىنلارنىڭ ۋە شۇ چاغدا بولىدىغان سوراقچى بەگنىڭ يېنىغا
بارىسىلەر ۋە ئۇلاردىن ھۆكۈم سورايسىلەر؛ ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ھۆكۈم
چىقىرىدۇ. [10]سىلەر پەرۋەردىگار تاللايدىغان ئاشۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ
سىلەرگە تاپشۇرىدىغان ھۆكۈم سۆزى بويىچە ئىجرا قىلىسىلەر؛
ئۇلارنىڭ سىلەرگە كۆرسەتكىنىنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىپ

---

**6:17** چۆل. 30:35؛ قان. 15:19؛ مات. 16:18؛ 2كور. 1:13؛ ئىبر. 28:10

**7:17** قان. 10:13

8:17 «**... مەيلى خۇن دەۋاسى، ھەق-تەلەپ دەۋاسى ياكى زوراۋانلىق دەۋاسىدا، ھەرقانداق تالاش-تارتىش بولسا،...** » ــ ئىبرانيي تىلىدا «قان ۋە قان ئارىسىدا، دەۋا بىلەن دەۋا ئارىسىدا، مۇشت-تاياق بىلەن مۇشت-تاياق ئارىسىدا بولسۇن، ھەرقانداق تالاش-تارتىش بولسا...» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**8:17** 2تار. 10:19؛ مال. 7:2

9:17 «**لاۋىي كاھىنلار**» ــ كاھىنلار لاۋىيلارنىڭ قەبىلىسىدىن بەلگىلىنىدۇ.

كۆڭۈل بۆلۈشۈڭلار كېرەك. [11] سىلەر ئۇلارنىڭ سىلەرگە كۆرسەتكەن قانۇن ھۆكۈمى بويىچە، چىقىرىدىغان قارارى بويىچە قىلىسىلەر؛ ئۇلار سىلەرگە تاپشۇرىدىغان سۆزدىن ئوڭ يا سولغا چەتنەپ كەتمەڭلار. [12] ۋە باشباشتاقلىق قىلىپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن شۇ يەردە تۇرىدىغان كاھىنغا ياكى سوراقچى بەگكە قۇلاق سالمىغان كىشى بولسا، شۇ ئادەم ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر رەزىللىكنى ئىسرائىلدىن ھەيدەپ چىقىرىسىلەر. [13] شۇنداقلا، بارلىق خەلق بۇلارنى ئاڭلاپ قورقىدۇ ۋە يەنە باشباشتاقلىق قىلمايدۇ.

## پادىشاھ قانداق بولۇشى كېرەك؟

[14] سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا تەقدىم قىلىدىغان زېمىنغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلىگەندە، شۇنداقلا ئۇنىڭدا تۇرغاندا: «مەن ئەتراپىمدىكى ئەللەرنىڭكىدەك ئۆزۈمگە بىر پادىشاھ تىكلىمەكچىمەن» دېسەڭ، [15] شۇ چاغدا سەن ئۆزۈڭگە پەقەت پەرۋەردىگار خۇدايىڭ تاللايدىغىنىنى تىكلەيسەن؛ ئۈستۈڭگە قېرىنداش بولمىغان چەتئەللىكنى بېكىتمەسلىكىڭ كېرەك. [16] پادىشاھ بولسا ئۆزى ئۈچۈن ئاتلارنى كۆپەيتمەسلىكى ياكى ئاتلارنى كۆپەيتىمەن دەپ خەلقنى مىسىرغا قايتۇرماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرگە: «سىلەر شۇ يول بىلەن ھەرگىز قايتماسلىقىڭلار كېرەك» دېگەندى.
[17] پادىشاھ كۆپ ئاياللارنى ئۆز ئەمرىگە ئالماسلىقى كېرەك؛ بولمىسا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېزىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈشنى كۆپەيتمەسلىكى كېرەك.

---

10:17 **«پەرۋەردىگار تاللايدىغان ئاشۇ جاي»** ــ مۇشۇ 13-8-ئايەتلەردە «(خۇدا) تاللايدىغان جاي...» «پەرۋەردىگار تاللايدىغان جاي...» بەلكىم لاۋىيلار ۋە كاھىنلار ھەممە «سوراقچى بەگ» (دېمەك، شۇ دەۋردىكى «باتۇر ھاكىم») تۇرىدىغان شەھەر-يېزىلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. «يە.» 13:21-19نى كۆرۈڭ. تەۋراتتىكى «باتۇر ھاكىملار» ۋە «سامۇئىل»دا «دەۋا سوراپ ھۆكۈم چىقىرىش» ئىشلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

[18]پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىدا ئۇ ئۆزى ئۈچۈن لاۋىي كاھىنلارنىڭ ئالدىدا مۇشۇ قانۇننى بىر دەپتەرگە كۆچۈرۈپ پۈتۈشى كېرەك. [19]شۇ دەپتەر ئۇنىڭ يېنىدا دائىم بولۇشى ۋە ئۇنى ئۆمرىنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە ئوقۇشى كېرەك؛ شۇنداق قىلسا ئۇ پەرۋەردىگار خۇداسىدىن قورقۇپ، مۇشۇ قانۇننىڭ سۆزلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تۇتۇپ ئۇلارغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. [20]شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆڭلى قېرىنداشلىرى ئالدىدا ھاكاۋۇرلىشىپ كەتمەيدۇ، بۇ ئەمرلەردىن ئوڭ يا سولغا چەتنەپ كەتمەيدۇ ۋە شۇنىڭدەك ئىسرائىل ئارىسىدا ئۇنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ پادىشاھلىق كۈنلىرى كۆپ بولىدۇ.

## لاۋىيلار ۋە كاھىنلارنىڭ نېسىۋىسى

18 [1] لاۋىي كاھىنلار ۋە شۇنىڭدەك بارلىق لاۋىيلار قەبىلىسىنىڭ ئىسرائىلدا ھېچقانداق نېسىۋىسى ياكى مىراسى بولمايدۇ؛ ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىقلاردىن ۋە پەرۋەردىگارنىڭ مىراسىدىن يېيىشكە بولىدۇ، [2] بىراق ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق مىراسى بولمايدۇ؛ پەرۋەردىگار ئېيتقانىدەك، ئۇ ئۆزى ئۇلارنىڭ مىراسىدۇر. [3]كاھىنلارنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان خەلقتىن ئالىدىغان ئۈلۈشى مۇنداق: — (مەيلى كالا ياكى قوي بولسۇن) قول، ئېڭەك گۆشى ۋە ئۈچەي-قېرىنى كاھىنلارغا بېرىلىدۇ. [4]سىلەرنىڭ ئاشلىقلىرىڭلاردىن، يېڭى شارابلىرىڭلاردىن ۋە زەيتۇن مېيىڭلاردىن دەسلەپكى پىشقان ھوسۇلنى ۋە قويلىرىڭلاردىن دەسلەپكى قىرقىلغان يۇڭنى ئۇنىڭغا بېرىسىلەر؛ [5]چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئۇنى ۋە

---

20:17 **«بۇ ئەمرلەردىن...»** — ئىبرانىي تىلىدا «بۇ ئەمردىن...».

1:18 **«پەرۋەردىگارنىڭ مىراسىدىن يېيىش»** — دېمەك، پەرۋەردىگارنىڭ مىراسى بولغان زېمىندىكى مەھسۇلاتلاردىن يېيىش.

**1:18** چۆل. 20:18؛ قان. 9:10؛ 1كور. 13:9

ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆز نامىدا خىزمىتىدە دائىم تۇرۇشقا بارلىق قەبىلىلىرىڭلار ئىچىدىن تاللىۋالغان.
[6]ئەگەر لاۋىي بولغان بىر ئادەم پۈتكۈل ئىسرائىلدىكى ھەرقانداق شەھەر-يېزىدىن، يەنى ئۆزى ماكانلاشقان جايدىن چىقىپ، پەرۋەردىگار تاللايدىغان جايغا كەلسە[7] ۋە شۇ يەردە پەرۋەردىگار ئالدىدا تۇرغۇچى بارلىق قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ نامىدا خىزمەتتە تۇرغان بولسا، [8]ئۇنداقتا (مەيلى ئۇ ئاتىسىدىن قالغان مىراسنى سېتىۋەتكەن ياكى سېتىۋەتمىگەن بولسۇن) ئۇنىڭ يەيدىغان ئۈلۈشى قېرىنداشلىرىنىڭكىدەك بولۇشى كېرەك.

## سېھىر-جادۇگەرلىك قىلىشقا بولمايدۇ، ھەقىقىي پەيغەمبەرگە قۇلاق سېلىڭلار

[9]سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا بېرىدىغان زېمىنغا كىرگەن چاغدا، سەن شۇ يەردىكى ئەللەرنىڭ يىرگىنچلىك ئادەتلىرىنى ئۆگەنمەسلىكىڭ كېرەك. [10]ئاراڭلاردا ئۆز ئوغلى ياكى قىزىنى ئوتتىن ئۆتكۈزىدىغان، پالچىلىق، رەمچىلىك، ئەپسانىيلىك، جادۇگەرلىك [11] ياكى دەمىدىچىلىك قىلغۇچى ياكى جىنكەش، سېھىرگەر ياكى ئۆلگەنلەردىن يول سورىغۇچى ھېچقانداق كىشى بولمىسۇن؛ [12]چۈنكى بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ھەرقانداق كىشى پەرۋەردىگارغا نەپرەتلىك بولىدۇ؛ بۇ يىرگىنچلىك ئىشلار تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ شۇ ئەللەرنى ئالدىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

---

8:18 **«مەيلى ئۇ ئاتىسىدىن قالغان مىراسنى سېتىۋەتكەن ياكى سېتىۋەتمىگەن بولسۇن...»** ــ لاۋىيلارنىڭ ئۆز ئالدىغا چوڭ زېمىنى بولمايتتى، بەلكى پەقەت بەزى شەھەرلەردە قورۇ-جايلىرى ۋە ئەتراپىدا چەكلىك يايلاقلىرىلا بولاتتى. «چۆل.» 1:35-8نى كۆرۈڭ. باشقا نەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

10:18 **«...باللىرىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈش»** ــ بەلكىم «ئىنسان قۇربانلىقى»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**10:18** لاۋ. 21:18؛ 27:20؛ 1سام. 7:28؛ يەش. 19:8

[13]سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا ئەيىبسىز مۇكەممەل بولۇشۇڭ كېرەك؛ [14]چۈنكى سەن زېمىنىدىن ھەيدەيدىغان بۇ ئەللەر رەمچىلەر ۋە پالچىلارغا قۇلاق سالىدۇ؛ بىراق پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ.

## كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ پەيغەمبەر

[15]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سىلەر ئۇچۇن ئاراڭلاردىن، قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن ماڭا ئوخشايدىغان بىر پەيغەمبەر تۇرغۇزىدۇ؛ سىلەر ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار. [16] بۇ سىلەر ھورەب تېغىدا يىغىلغان كۈندە پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردىن: «پەرۋەردىگار خۇدايىمنىڭ ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىمايلى، بۇ دەھشەتلىك ئوتنى كۆرمەيلى، بولمىسا ئۆلۈپ كېتىمىز» دەپ تەلەپ قىلغىنىڭلارغا پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. [17] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ماڭا: «ئۇلارنىڭ ماڭا دېگەن سۆزى ياخشى بولدى. [18]مەن ئۇلارغا قېرىنداشلىرى ئارىسىدىن ساڭا ئوخشايدىغان بىر پەيغەمبەرنى تۇرغۇزىمەن، مەن ئۆز سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالىمەن ۋە ئۇ مەن ئۇنىڭغا بارلىق تاپىلىغىنىمنى ئۇلارغا سۆزلەيدۇ. [19] ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ مېنىڭ نامىمدا دەيدىغان سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمايدىغان ھەرقانداق كىشى بولسا، مەن ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىمەن.
[20]ئەمما مېنىڭ نامىمدا باشباشتاقلىق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا تاپىلىمىغان بىرەر سۆزنى سۆزلىسە ياكى باشقا ئىلاھلارنىڭ نامىدا

---

**15:18** يۇھ. 46:1؛ روس. 22:3؛ 37:7
**16:18** مىس. 19:20؛ قان. 25:5؛ ئىبر. 19:12
**18:18** يۇھ. 25:4
19:18 **«شۇ پەيغەمبەر مېنىڭ نامىمدا دەيدىغان سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمايدىغان ھەرقانداق كىشى بولسا، مەن ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىمەن»** ــ بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

سۆز قىلدىغان پەيغەمبەر بولسا، شۇ پەيغەمبەر ئۆلتۈرۈلسۇن.
[21] ئەگەر سەن كۆڭلۈڭدە: «پەرۋەردىگار قىلمىغان سۆزنى قانداق پەرق
ئېتىمىز» دېسەڭ، [22] بىر پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا سۆز
قىلغان بولسا ۋە ئۇ بېشارەت قىلغان ئىش توغرا چىقمىسا ياكى
ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا، ئۇنداقتا بۇ سۆز پەرۋەردىگاردىن چىقمىغان؛ شۇ
پەيغەمبەر باشباشتاقلىق بىلەن سۆزلىگەن دەپ، ئۇنىڭدىن قورقما.

## ئادەم ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى قانۇن ـ پاناھلىق شەھەرلىرى

19 [1] پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە بېرىدىغان زېمىندىكى
تائىپىلەرنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىن ئۈزۈپ تاشلىغان ۋاقتىدا
ۋە سىلەر شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى ۋە ئۆيلىرىدە تۇرغىنىڭلاردا،
[2] سىلەر شۇ چاغدا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە بېرىدىغان
زېمىندا ئۈچ شەھەرنى ئايرىم قىلىشىڭلار كېرەك؛ [3] شۇنداقلا، ئادەم
ئۆلتۈرگەن ھەربىر كىشى شۇ يەرلەرگە، شۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە قېچىپ
بېرىۋالسۇن دەپ يول ھازىرلاپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار مىراس بولۇشقا
سىلەرگە بېرىدىغان زېمىننى ئۈچ رايونغا بۆلىسىلەر. [4] تىرىك قېلىش
ئۈچۈن شۇ يەرلەرگە قېچىپ بېرىۋالغان، ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى توغرۇلۇق
بەلگىلىمە مۇنداق: ــ ئۇ قوشنىسىنى تاسادىپىيلىقتىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ
قويغان، شۇنداقلا ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئۆچ-ئاداۋىتى بولمىغان بولسا،
شۇ يەرگە قېچىپ بېرىۋالسا بولىدۇ. [5] مەسىلەن، ئۇ قوشنىسى بىلەن
ئوتۇن كېسىشكە ئورمانغا كىرگەن بولۇپ، دەرەخنى كېسىشكە پالتىنى
كۆتۈرگەندە پالتا بېشى سېپىدىن ئاجراپ كېتىپ قوشنىسىغا تېگىپ

**20:18 «باشقا ئىلاھلارنىڭ نامىدا سۆز قىلىدىغان پەيغەمبەر ... ئۆلتۈرۈلسۇن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «باشقا ئىلاھلارنىڭ نامىدا سۆز قىلىدىغان پەيغەمبەر ... ئۆلىدۇ» ــ دېمەك، ئۆزلۈكىدىن ئۆلىدۇ. بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ كۆرسەتكىنى شۇ پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكى بولسا كېرەك

**20:18** قان. 6:13؛ يەر. 14:14

**2:19** مىس. 13:21؛ چۆل. 9:35-34؛ يە. 2:20

**4:19** مىس. 13:21؛ قان. 42،41:4

كېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنداقتا جاۋابكار كىشى بۇ شەھەرلەردىن
بىرىگە قېچىپ بېرىۋېلىپ هايات قالىدۇ؛ 6بولمىسا، قان قىساسى
ئالغۇچى غەزىپى قايىنىغاندا ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنى قوغلايدۇ ۋە يول
ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن؛
ئەمەلىيەتتە، ئۇ كىشى ئۆلۈمگە لايىق ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلىدە
قوشنىسىغا ھېچقانداق ئۆچ-ئاداۋىتى يوق ئىدى. 7شۇڭا مەن سىلەرگە:
«ئۆزۈڭلار شۇنداق ئۈچ شەھەرنى ئايرىشىڭلار كېرەك» دەپ ئەمر قىلىمەن.
8پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قەسەم قىلغىنىدەك
چېگرايىڭلارنى كېڭەيتىشنى، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا ۋەدە قىلغان بارلىق
زېمىننى سىلەرگە تەقدىم قىلىشنى خالايدۇ؛ 9سىلەر پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلارنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ يوللىرىدا دائىم مېڭىش ئۈچۈن مەن
سىلەرگە بۈگۈن تاپىلىغان بۇ ئەمرنى تۇتساڭلارلا ئۇ شۇنداق قىلىدۇ،
ئۇنداقتا سىلەرمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بۇ ئۈچ شەھەردىن باشقا يەنە ئۈچ
شەھەرنى قوشىسىلەر. 10ۋە شۇنداق قىلساڭلار پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
سىلەرگە مىراس قىلىپ تەقدىم قىلىدىغان زېمىن ئارىسىدا ناھەق
قان تۆكۈلمەيدۇ ۋە شۇنىڭدەك گەدىنىڭلارغا خۇن گۇناھى چۈشمەيدۇ.
11لېكىن بىرسى قوشنىسىغا ئۆچ-ئاداۋەت تۇتقان بولسا، پايلاپ تۇرۇپ
ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە ۋە شۇ شەھەرلەردىن
بىرىگە قېچىپ بېرىۋالغان بولسا، 12ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۆز شەھىرىدىكى

---

6:19 **«قان قىساسى ئالغۇچى»** — قان قىساسىغا ئېلىشقا ھوقۇقلۇق كىشىنىڭ رولى توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمىلەر «چۆل.» 35:10-35دە كۆرستىلىدۇ. **«يول ئۇزۇن بولغاچقا»** — بىرلا پاناھلىنىدىغان شەھەر بولغاندا، ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى تۇرغان جاي ئۇ شەھەرگە يىراق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛ شۇڭا، پەلەستىندە بىر-بىرىدىن تارقاق ئالتە شەھەر (ئاندىن يەنە ئۈچ شەھەر) تاللىنىپ «پاناھلىق شەھەر» دەپ بېكىتىلگەن.

**8:19** يار. 13:28؛ قان. 20:12

9:19 **«مەن سىلەرگە بۈگۈن تاپىلىغان بۇ ئەمر»** — بەلكىم «قانۇن شەرھى» دېگەن كىتابتىكى ئەھدە، يەنى بارلىق ئەمر-پەرمانلارنى كۆرستىشى مۇمكىن.

**9:19** يە. 7:20

**11:19** يار. 6:9؛ مىس. 12:21،14؛ لاۋ. 17:24؛ چۆل. 16:35

ئاقساقاللار ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى شۇ يەردىن ياندۇرۇپ كېلىشى كېرەك، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈلسۇن دەپ «قان قىساسى ئالغۇچى»نىڭ قولىغا تاپشۇرۇشى كېرەك. [13]سەن ئۇنى ھېچ ئايىمىغىن، شۇنداق قىلغاندا ئىسرائىلدىن تۆكۈلگەن گۇناھسىز قاننىڭ دېغىنى تازىلىغان بولىسىلەر؛ ئاندىن ھالىڭلار ياخشى بولىدۇ.

## گۇۋاھچىلار توغرۇلۇق قانۇن

[14]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا ئىگىلەش ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان زېمىندا بۇرۇنقىلار مىراس يېرىڭدە بېكىتكەن، قوشناڭنىڭ پاسىل تېشىنى يۆتكىمەسلىكىڭ كېرەك.

[15]مەلۇم جىنايەت ياكى گۇناھ توغرىسىدا بىرسىگە «ئۇ گۇناھ قىلغان» دەپ ئەرز-شىكايەت قىلىشتا يالغۇز بىرلا گۇۋاھچى بولسا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ھەممە ئىش ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ سۆزى بىلەن بېكىتىلسۇن.

[16]بىرسى توغرۇلۇق «پالانچى-پوكۇنچى گۇناھ قىلغان» دەپ ئەرز قىلىدىغان قارا نىيەتلىك بىر گۇۋاھچى چىقسا، [17]دەۋالىشىپ قالغان ئىككى ئادەم پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا، شۇ كۈنلەردە بولىدىغان كاھىنلار ۋە سوراقچى بەگلەر ئالدىدا ھازىر بولسۇن؛ [18]سوراقچى بەگلەر ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرسۇن؛ ئەگەر ھېلىقى گۇۋاھچى يالغان گۇۋاھچى بولۇپ، ئۆز قېرىندىشى توغرۇلۇق يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، [19]ئۇنداقتا، سىلەر دەل ئۇ قېرىندىشىغا قىلماقچى بولغىنىدەك ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار رەزىللىكنى ئاراڭلاردىن يوقىتىسىلەر. [20] قالغان خەلقمۇ بۇ ئىشنى ئاڭلايدۇ ۋە قورقىدۇ ۋە شۇنداقلا، ئاراڭلاردا ئۇنداق رەزىل ئىشنى يەنە قىلمايدۇ.

---

**13:19 «سەن ئۇنى ھېچ ئايىمىغىن»** — ئىبرانىي تىلىدا «كۆزۈڭ ئۇنى ھېچ ئايىمىسۇن».

**14:19** پەند. 28:22

**15:19** چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ مات. 16:18؛ يۇھ. 17:8؛ 2كور. 1:13؛ ئىبر. 2:10

**19:19** پەند. 5:19

[21] سىلەر ھېچ رەھىم قىلماڭلار؛ جانغا جان، كۆزگە كۆز، چىشقا چىش،
قولغا قول، پۇتقا پۇت ئېلىنسۇن.

## دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق

20 [1] ئەگەر سەن دۈشمەنلىرىڭگە جەڭ قىلغىلى چىقىپ، ئات
ۋە جەڭ ھارۋىلىرىنى، شۇنداقلا ئۆزۈڭدىن كۆپ بولغان
بىر ئەلنى كۆرسەڭ، ئۇلاردىن ھېچ قورقما. چۈنكى سېنى مىسىر
زېمىنىدىن چىقىرىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئۆزى سەن بىلەن
بىللىدۇر. [2] سىلەر جەڭگە چىقىش ئالدىدا كاھىن ئۆزى ئالدىغا
چىقىپ خەلققە سۆز قىلىپ [3] ئۇلارغا: ئەي ئىسرائىل، ئاڭلاڭلار! سىلەر
بۈگۈن دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن سوقۇشۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر.
كۆڭۈللىرىڭلار جۈرئەتسىز بولمىسۇن؛ قورقماڭلار، تىترىمەڭلار،
ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن دەككە-دۈككىگە چۈشمەڭلار؛ [4] چۈنكى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭ ئۆزى دۈشمەنلىرىڭلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىڭلار ئۈچۈن
سىلەر بىلەن بىللە جەڭگە چىقىدۇ» ــ دەپ ئېيتسۇن.
[5] شۇ چاغدا ئەمەلدارلار خەلققە مۇنداق دېسۇن: ــ «ئاراڭلاردا بىر يېڭى
ئۆي سېلىپ، ئۇنى خۇداغا ئاتىمىغان بىرسى بارمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇ ئۆز
ئۆيىگە يېنىپ كەتسۇن، بولمىسا ئۇ جەڭدە ئۆلۈپ كېتىپ، باشقا
كىشى كېلىپ ئۇنى خۇداغا ئاتىشى مۇمكىن.
[6] تەك سېلىپ ئۈزۈمزار بەرپا قىلىپ، تېخى ئۇنىڭ مېۋىسىنى
يېمىگەن بىركىم بارمۇ؟ بار بولسا ئۆيىگە يېنىپ كەتسۇن، بولمىسا
ئۇ جەڭدە ئۆلۈپ كەتسە، باشقا كىشى كېلىپ ئۇنىڭ مېۋىسىنى
يېيىشى مۇمكىن.

21:19 **«سىلەر ھېچ رەھىم قىلماڭلار»** ــ ئىبرانىي تىلدا «كۆزۈڭ ھېچ ئايىمىسۇن». **«جانغا جان، چىشقا چىش، پۇتقا پۇت ... ئېلىنسۇن»** ــ بۇ سۆزلەر «قىساس ئېلىش» پرىنسىپى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مۇقەددەس قانۇنىنىڭ ئادىل تەلىپىدۇر. خۇداغا تەشەككۈر، ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئادىللىقىدىن زىيادە ھالقىپ چىقىدۇ! «مات.» 5:38-48نى كۆرۈڭ.

**21:19** مىس. 23:21؛ لاۋ. 20:24؛ مات. 38:5

**6:20** لاۋ. 23:19،24،25

[7]بىر قىز بىلەن ۋەدىلەشكەن بولۇپ، تېخى ئۇنى ئۆز ئەمرىگە
ئالمىغان بىركىم بولسا، ئۇ ئۆيىگە يېنىپ كەتسۇن، بولمىسا ئۇ
جەڭدە ئۆلۈپ كەتسە، باشقا كىشى كېلىپ ئۇنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا
ئېلىشى مۇمكىن».
[8]ئاندىن مەنسەپدارلار خەلققە يەنە سۆزلەپ: «قورقۇپ كەتكەن،
جۈرئەتسىز بىركىم بارمۇ؟ ئۇ ئۆيىگە يېنىپ كەتسۇن. بولمىسا
قېرىنداشلىرىنىڭ يۈرىكىمۇ ئۇنىڭكىدەك جاسارەتسىز بولۇپ
قېلىشى مۇمكىن» دەپ ئېيتسۇن.
[9]ئەمەلدارلار خەلققە شۇلارنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلار خەلقنىڭ ئالدىدا
يېتەكچىلىك قىلىشقا قوشۇنلارغا سەردارلارنى تىكلىسۇن.
[10]سىلەر ھۇجۇم قىلىشقا مەلۇم بىر شەھەرگە يېقىنلاشقىنىڭلاردا
ئاۋۋال ئۇنىڭغا سۈلھى تۇغرىسىدا سۆز قىلىڭلار. [11]ئەگەر ئۇلار
سۈلھىنى خالايمىز، دەپ جاۋاب بېرىپ ئۆز دەرۋازىلىرىنى سىلەرگە
ئاچسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان ھەممە خەلق سىلەرگە بېقىنىپ
قۇللۇق ھاشاردا بولىدۇ. [12]لېكىن سىلەر بىلەن سۈلھى قىلىشقا
ئۇنىماي، بەلكى سىلەر بىلەن جەڭ قىلماقچى بولسا سىلەر ئۇنى
قورشاڭلار. [13]پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۇنى قولۇڭلارغا تاپشۇرغاندا
ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئەركەكنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈڭلار؛ [14]لېكىن ئاياللار
بىلەن باللىرى، كالا بىلەن شەھەردىكى ھەممە نەرسىنى، يەنى
بارلىق غەنىيمەتنى ئۆزۈڭلارغا ئولجا قىلىپ ئېلىڭلار؛ پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلار ئۆز دۈشمەنلىرىڭلاردىن سىلەرگە ئېلىپ بەرگەن ئولجىدىن
يەپ سۆيۈنىسىلەر. [15]سىلەردىن يىراقتا بولغان، زېمىنغا تەۋە بولمىغان
ئەللەرنىڭ شەھەرلىرىگە شۇنداق قىلىڭلار.

---

**7:20** قان. 5:24

**8:20** هاك. 3:7

## قانائانىيلار بىلەن جەڭ قىلىشتىكى قانۇن

16لېكىن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە مىراس قىلىپ بېرىدىغان
زېمىندىكى ئەللەرنىڭ شەھەرلىرىنى بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى
تىنىقى بار ھېچ نەرسىنى تىرىك قويماي، 17 بەلكى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلار سىلەرگە بۇيرۇغاندەك ھىتتىيلار بىلەن ئامورىيلار،
قانائانىيلار بىلەن پەرىززىيلەر، ھىۋىيلار بىلەن يەبۇسىيلارنىڭ
ھەممىسىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشىڭلار كېرەك. 18بولمىسا، ئۇلار
ئۆز ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇشتىكى ھەممە يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى
سىلەرگە ئۆگىتىپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا گۇناھ قىلىدىغان
بولىسىلەر.
19بىر شەھەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت جەڭ قىلىپ قورشاپ
تۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى پالتا بىلەن
كېسىپ ۋەيران قىلماڭلار؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ مېۋىسىنى يېسەڭلار
بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى كەسمەڭلار؛ چۈنكى دالادىكى دەرەخلەر
قورشىۋېلىش كېرەك بولغان ئادەممىدى؟ 20لېكىن سىلەر مېۋىلىك
دەرەخ ئەمەس دەپ بىلگەن دەرەخلەرنى كېسىپ يوقىتىپ، سىلەر
بىلەن سوقۇشقان شەھەرنى ھۇجۇم قىلىپ غۇلىتىشقا شۇ دەرەخلەردىن
ئىستىھكام-پوتەيلەرنى ياسىساڭلار بولىدۇ.

## ئېنىقلانمىغان قاتىللىق دېلوسى توغرىسىداق

21 1 ئەگەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە مىراس قىلىپ
ئىگىلەشكە بېرىدىغان زېمىندا، دالادا ئۆلتۈرۈلگەن بىر
جەسەت تېپىلسا، ئەمما ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەم مەلۇم بولمىسا،
2ئاقساقاللىرىڭلار بىلەن سوراقچى بەگلىرىڭلار چىقىپ ئۆلۈك
تېپىلغان يەر بىلەن ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقىنى
ئۆلچىسۇن؛ 3ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ جەسىتىگە ئەڭ يېقىن شەھەرنىڭ

**16:20** چۆل. 52:33؛ قان. 1:7، 2

ئاقساقاللىرى بولسا ئىشقا سېلىنمىغان، بويۇنتۇرۇقمۇ سېلىنمىغان ئىنەك تېپىپ كەلسۇن؛ [4]شۇ شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئىنەكنى سۈيى توختىماي ئاقىدىغان، ھەيدىلىپ تېرىلمىغان بىر جىلغىغا ئېلىپ بېرىپ، شۇ جىلغىنىڭ ئۆزىدە ئىنەكنىڭ بوينىنى سۇندۇرۇۋەتسۇن؛ [5]شۇ چاغدا لاۋىيىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان كاھىنلار ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلسۇن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا خىزمەتتە بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا بەخت-بەرىكەت تىلەشكە تاللىغاندۇر. ھەربىر دەۋا ۋە ھەربىر تاياق جازاسى ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە كېسىلسۇن. [6]ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ جەسىتىگە ئەڭ يېقىن شەھەردىكى ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى شۇ جىلغىغا كېلىپ، بويىنى سۇندۇرۇلغان ئىنەكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، قوللىرىنى يۇيۇپ [7]گۇۋاھلىق بېرىپ: «قوللىرىمىز بولسا بۇ قاننى تۆكمىدى، كۆزلىرىمىز بۇ ئىشنى كۆرمىدى؛ [8]ئەي پەرۋەردىگار، سەن ئۆزۈڭ ھۆرلۈك بەدىلى تۆلەپ قۇتقۇزغان خەلقىڭ ئىسرائىلنى كەچۈرگەيسەن ۋە ناھەق ئاققان قاننىڭ گۇناھىنى ئىسرائىل خەلقىڭگە ئارتمىغايسەن» ــ دېسۇن؛ شۇنداق قىلىپ بۇ قان گۇناھىغا كەفارەت كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ. [9]سىلەر شۇنداق قىلىپ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغاننى قىلىپ ناھەق تۆكۈلگەن قاننىڭ گۇناھىنى ئۆزۈڭلاردىن چىقىرىۋەتكەن بولىسىلەر.

## خوتۇنلۇققا ئېلىنغان ئەسىر توغرۇلۇق قانۇن

[10]ئەگەر سىلەر دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن جەڭ قىلغىلى چىققىنىڭلاردا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۇلارنى قولۇڭلارغا بەرگەچ، ئۇلاردىن ئەسىر ئالغان بولساڭلار، [11]بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا چىرايلىق بىر ئايالنى كۆرۈپ، كۆڭلۈڭ ئۇنىڭغا چۈشۈپ، ئۇنى ئەمرىڭگە ئېلىشنى خالىساڭ، [12]ئۇنداقتا ئۇنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ بارغىن؛ ئۇ چېچىنى چۈشۈرۈپ، تىرناقلىرىنى ياساپ، [13]ئەسىرلىكتە كىيگەن كىيىملىرىنى سېلىپ، ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپ تولۇق بىر ئاي ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ماتەم تۇتسۇن؛ ئاندىن سەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ

ئۇنى ئۆزۈڭگە ئايال قىلىپ ئۇنىڭغا ئەر بولساڭ بولىدۇ. [14]كېيىن، ئەگەردە كۆڭلۈڭ ئۇنىڭدىن سۆيۈنمىسە، ئۇ قەيەرنى خالىسا، بارغىلى قويۇشۇڭ كېرەك؛ ئۇنى پۇلغا ساتمىغىن ۋە ئۇنىڭغا دېدەكتەك مۇئامىلە قىلمىغىن، چۈنكى سەن ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلىپ ئۇيات قىلغانسەن.

## باللار توغرۇلۇق قانۇن

[15]ئەگەر بىرسىنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ ئۇلارنىڭ بىرىگە ئامراقلىق، يەنە بىرىگە ئۆچلۈك قىلغان بولسا ۋە ئامراق ۋە ئۆچ بولغان ھەر ئىككىسىدىن ئوغۇل تۇغۇلغان بولسا، تۇنجىسىنى ئۆچ ئايالىدىن تاپقان بولسا [16]ئۇنداقتا ئۇ كىشى ئوغۇللىرىغا بارىنى مىراس ئۈچۈن ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن كۈنىدە ئۆچ ئايالىنىڭ ئوغلى، يەنى ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ ئورنىغا ئامراق ئايالىنىڭ ئوغلىنى تۇنجى ئوغۇللۇققا قويۇشقا بولمايدۇ. [17]ئۇ بەلكى ئۆچ ئايالىنىڭ ئوغلىنى تۇنجى ئوغلۇم دەپ ئېتىراپ قىلسۇن؛ چۈنكى بۇ ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى بار ۋاقتىدىكى دەسلەپكى مېۋىسىدۇر؛ تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇقى ئۇنىڭكى بولغاچقا، ئاتىسى بارلىق مال-مۈلۈكتىن ئۇنىڭغا ئىككى ئۈلۈش مىراس بەرسۇن.

[18]ئەگەر بىرسىنىڭ باشباشتاق ۋە ئىتائەتسىز ئوغلى بولسا، ئۇ نە ئاتىسىنىڭ سۆزىگە، نە ئانىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ھەتتا تاياق-تەربىيىمۇ كار قىلماي، ئۇلارنىڭ گېپىنى يەنىلا ئاڭلىمىسا، [19]ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى تۇتۇپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ بېرىپ، شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن؛ [20] ئۇلار شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئەرز قىلىپ: — «بۇ ئوغلىمىز باشباشتاقلىق ۋە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، سۆزىمىزنى

---

**17:21** يار. 3:49؛ 1تار. 1:5؛ زەب. 51:78

**19:21 «... ئۇنى تۇتۇپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا ... شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن»** — كونا زامانلاردا شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى سوراق-دەۋالار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسىدا ئولتۇراتتى.

ئاڭلىماي يۈرىدۇ؛ ئۇ نەپسى يامان، شارابخور بولۇپ قالدى» دەپ ئېيتسۇن. [21]شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ ھەممە خەلقى بىر بولۇپ ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسۇن. سىلەر بۇ يول بىلەن ئۆزۈڭلاردىن رەزىللىكنى چىقىرىۋېتىسىلەر؛ پۈتكۈل ئىسرائىل بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قورقىدىغان بولىدۇ.

## جىنايەتچىنىڭ جەسىتى

[22]ئەگەر بىرسى ئۆلۈم جازاسىغا لايىق گۇناھ سادىر قىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن بولسا ۋە جەسىتىنى بىر دەرەخكە ئېسىپ قويغان بولساڭلار، [23]ئۆلۈكى كېچىچە دەرەختە قالمىسۇن؛ قانداقلا بولمىسۇن، سىلەر دەرەخكە ئېسىلغۇچىنى شۇ كۈندە كۆمۈۋېتىڭلار (چۈنكى كىمدەكىم دەرەخكە ئېسىلغان بولسا، خۇدا تەرىپىدىن لەنەتكە قالدۇرۇلغان كىشى ھېسابلىنىدۇ). شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە مىراس قىلىپ بەرگەن زېمىننى بۇلغىمىغان بولىسىلەر.

## يىتكەن جانىۋارلار، كىيىنىش قاتارلىقلار توغرۇلۇق بەلگىلىمىلەر

22 [1]سەن قېرىندىشىڭنىڭ كالىسى يا قويى ئېزىپ كەتكىنىنى كۆرسەڭ، چاتىقىڭ بولماي يۈرمە؛ قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى قېرىندىشىڭنىڭ قېشىغا يەتكۈزۈپ بەر. [2]ئەگەردە قېرىندىشىڭ ساڭا يېقىن ئولتۇرمىسا ۋە ياكى ئىگىسىنى تونۇمىساڭ، شۇ ھايۋاننى ئۆز ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېلىپ، قېرىندىشىڭ ئۇنى ئىزدەپ كەلگۈچە ئۆزۈڭ ساقلاپ ئاندىن ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىن. [3]سەن ئوخشاشلا ئۇنىڭ يىتكەن ئېشىكى ياكى كىيىملىرىنىمۇ شۇنداق قىل؛ شۇنداقلا قېرىندىشىڭنىڭ ھەرقانداق يىتكەن نەرسىسىنى تېپىۋالساڭ، ئۇنىمۇ شۇنداق قىلغىن؛ سەن ئۆزۈڭنى بۇ ئىشتىن قاچۇرمىغىن.

---

**23:21** گال. 13:3

**1:22** مىس. 4:23

4 ئەگەر قېرىندىشىڭنىڭ ئېشىكى ياكى كالىسىنىڭ يولدا يىقىلىپ
چۈشكىنىنى كۆرسەڭ، سەن بۇ ئەھۋالدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرمىغىن؛
قېرىندىشىڭغا ياردەملىشىپ ئۇلىغىنى تارتىپ تۇرغۇزغىن.
5 ئايال كىشى بولسا ئەرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيمىسۇن؛ شۇنىڭغا
ئوخشاشلا ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ كىيىمىنى كىيمىسۇن؛
چۈنكى كىمكى شۇنداق قىلسا، پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا
يىرگىنچلىك بولىدۇ.
6 ئەگەر سەن يولدا كېتىۋېتىپ، بىر دەرەختە ياكى يەردە بالىلىرى ياكى
تۇخۇملىرى بولغان قۇشنىڭ ئۇۋىسىغا ئۇچرىساڭ، ئانىسى تۇخۇم ياكى
بالىلىرىنى بېسىپ ياتقان بولسا، ئانا-بالىلىرىنى بىراقلا ئالمىغىن؛
7 ھېچ بولمىغاندا سەن ئانىسىنى قويۇۋېتىپ، بالىلىرىنىلا ئالساڭ
بولىدۇ؛ شۇنداق قىلساڭ ساڭا ياخشى بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن.
8 يېڭى بىر ئۆي سالساڭ، ئۆگزەڭگە بىر توسما تام ياسىغىن؛ بولمىسا
بىرسى ئۇنىڭدىن يىقىلىپ چۈشسە، ئۆزۈڭگە قان تۆكۈلۈش گۇناھىنى
كەلتۈرۈشۈڭ مۇمكىن.

## ساپلىق توغرىسىدىكى ئىشلار

9 ئۆز ئۈزۈمزارلىقىڭغا ئىككى خىل ئۇرۇق چاچمىغىن؛ بولمىسا
تېرىغىنىڭنىڭ ھەممىسى ۋە ئۈزۈمزارلىقنىڭ مەھسۇلاتلىرى
بۇلغانغان ھېسابلىنىدۇ.

---

9:22 **«ئۆز ئۈزۈمزارلىقىڭغا ئىككى خىل ئۇرۇق چاچمىغىن»** ــ مەنىسى (1) ئۈزۈمزار ئىچىدە ئىككى خىل ئاشلىق تېرىشقا بولمايدۇ؛ (2) ئۈزۈمزار ئىچىدە، ئۈزۈم ئۇرۇقلىرىدىن باشقا ئۇرۇقلارنى تېرىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭچە بىرىنچى مەنىسى توغرىدۇر («لاۋ.» 19:19نى كۆرۈڭ). **«بۇلغانغان ھېسابلىنىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مۇقەددەسلىككە مۇسادىرە قىلىنىدۇ» ــ دېمەك، مۇسادىرە قىلىنىپ خۇداغا، يەنى ئىبادەتخانىدىكى خىزمەتتە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. —شۈبھىسىزكى، بۇ ئايەتتىكى ۋە 10-11-ئايەتلەردىكى ئەمرلەرنىڭ ھەم ئەمەلىي پايدىسى بار ھەم روھىي جەھەتتىن كۆپ كۆچمە مەنىسى بار. ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى ئىنجىلدىن شۇ كۆپ كۆچمە مەنىلىرىنى تاپالايدۇ.

**9:22** لاۋ. 19:19

[10]سەن كالا بىلەن ئېشەكنى بىرگە قوشۇپ يەر ھەيدىمىگىن.
[11]يۇڭ ۋە كاناپتىن ئىبارەت ئىككى خىل يىپتىن توقۇلغان كىيىمنى كىيمىگىن.
[12]سەن يېپىنغان تونۇڭنىڭ تۆت بۇرجىكىگە پۆپۈك قويغىن.

## ئەر-خوتۇنلۇقتا ساپ دىللىق بولۇش كېرەك

[13]ئەگەر بىرى خوتۇن ئېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ، [14]ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا بەتنام چاپلاپ، ئەرز قىلىپ: «مەن بۇ خوتۇننى ئالدىم، لېكىن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلسام ئۇنىڭ قىز ئەمەسلىكىنى بىلدىم» دېسە، [15]ئۇنداقتا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزنىڭ پاكلىق ئىسپاتىنى ئېلىپ شەھەر دەرۋازىسىدا ئولتۇرغان شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا كەلتۈرسۇن، [16]ئاندىن قىزنىڭ ئاتىسى ئاقساقاللارغا سۆز قىلىپ: «مەن قىزىمنى بۇ كىشىگە خوتۇنلۇققا بەردىم، لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالدى؛ [17]ۋە مانا، ئۇ ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، بەتنام چاپلاپ ئەرز قىلىپ: «قىزىڭنىڭ قىز ئەمەسلىكىنى بىلدىم» دەيدۇ. بىراق مانا قىزىمنىڭ پاكلىق ئىسپاتى!» دەپ، ئىسپات رەختنى ئاقساقاللارنىڭ ئالدىدا يېيىپ قويسۇن. [18]ئۇ ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئېرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا تاياق-تەربىيە بېرىپ، [19]ئىسرائىلدىكى بىر پاك قىزنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا بەتنام چاپلىدىڭ دەپ، يۈز شەكەل كۈمۈش تۆلەتسۇن؛ ئاندىن ئۇلار پۇلنى قىزنىڭ ئاتىسىغا بەرسۇن دەپ بېكىتسۇن. ئەمما قىز بولسا شۇ كىشىنىڭ خوتۇنى بولۇپ تۇرۇۋېرىشى كېرەك؛ ئەر پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇنى قويۇپ بەرسە بولمايدۇ.
[20]لېكىن بۇ سۆز راست چىقىپ، قىزنىڭ پاكلىق ئىسپاتى بولمىسا، [21]قىزنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئاپارسۇن ۋە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە بۇزۇقلۇق قىلىپ ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە شەرمەندىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ شەھىرىنىڭ ئادەملىرى شۇ

**12:22** چۆل. 38:15؛ مات. 5:23

يەردە ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسۇن. شۇنداق قىلغىنىڭلاردا
سىلەر ئۆزۈڭلاردىن رەزىللىكنى چىقىرىۋېتىسىلەر.
[22] ئەگەر بىرسى ئېرى بار خوتۇن بىلەن زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا، زىنا
قىلىشقان ئەر-خوتۇن ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلسۇن. شۇنداق قىلغاندا
ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن رەزىللىكنى چىقىرىۋېتىسىلەر.
[23] ئەگەر بىرسى شەھەردە بىراۋ بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان بىر
قىزنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسا،
[24] ئىككىلىسىنى
شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ چىقىپ چالما-كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈرۈڭلار؛ قىز بولسا شەھەردە تۇرۇپ ۋارقىرىمىغىنى ئۈچۈن،
ئەر بولسا باشقىسىنىڭ ۋەدىلەشكەن قىزى بىلەن ياتقىنى ئۈچۈن
ئۆلتۈرۈلسۇن. شۇنداق قىلىپ، سىلەر ئۆزۈڭلاردىن رەزىللىكنى
چىقىرىۋېتىسىلەر.
[25] ئەگەر ئەر كىشى باشقىسى بىلەن ۋەدىلەشكەن قىزنى دالادا تۇتۇۋېلىپ
ئۇنىڭ بىلەن ياتسا، پەقەت قىز بىلەن ياتقان ئەر كىشى ئۆلتۈرۈلسۇن.
[26] قىزغا بولسا، ھېچنېمە قىلماڭلار، چۈنكى قىزنىڭ ئۆزىدە ئۆلۈمگە
لايىق ھېچ گۇناھ يوق. بۇ ئىش بولسا بىرسى قوشنىسىغا ھۇجۇم قىلىپ
ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشاش ئىشتۇر.
[27] چۈنكى ئۇ باشقىسىغا
ۋەدىلەشكەن قىزنى دالادا تۇتۇۋالغاندا، قىز توۋلىغان بولسىمۇ ئۇنى
قۇتقۇزغۇدەك كىشى تېپىلمىغان.
[28] ئەگەر بىرسى بىرەر ئەر بىلەن ۋەدىلەشمىگەن قىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ
بىلەن يېتىپ ھەر ئىككىسى تۇتۇلسا،
[29] قىز بىلەن ياتقان ئادەم قىزغا
يېقىنچىلىق قىلىپ خار قىلغىنى ئۈچۈن قىزنىڭ ئاتىسىغا ئەللىك
شەكەل كۈمۈش بېرىشى كېرەك؛ ئاندىن قىزنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ
ئېلىشى كېرەك؛ ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە ئۇنى قويۇپ بەرسە بولمايدۇ.
[30] ھېچكىم ئاتىسىنىڭ خوتۇنىنى ئالماسلىقى كېرەك، ئاتىسىنىڭ

---

**22:22** لاۋ. 10:20

**29:22** مىس. 16:22

يوتقىنىنى ئاچماسلىقى كېرەك.

## جامائەتنىڭ ساپلىقى

23 1 كىمكى سوقۇلۇش ياكى كېسىلىش تۈپەيلىدىن ئاختا
قىلىۋېتىلگەن بولسا، پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە
كىرمىسۇن.
2 كىمكى هارامدىن تۇغۇلغان بولسا پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە
كىرەلمەس؛ ئونىنچى ئەۋلادىغىچە مۇنداقلاردىن هېچكىم
پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە كىرمىسۇن.
3 هېچبىر ئاموني ۋە يا هېچبىر موئابىي پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە
كىرمىسۇن؛ ئونىنچى ئەۋلادىغىچە ئۇلاردىن هېچكىم پەرۋەردىگارنىڭ
جامائىتىگە هەرگىز كىرمىسۇن. 4 سەۋەب شۇكى، سىلەر مىسىردىن
چىققىنىڭلاردا ئۇلار ئالدىڭلارغا يېمەكلىك، سۇ ئېلىپ چىقمىدى ۋە
سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا سىلەرنى قارغىسۇن دەپ، ئارام-
ناهارائىمدىكى پېتورلۇق بېئورنىڭ ئوغلى بالائامنى ياللىدى.
5 لېكىن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار بولسا بالائامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي،
بەلكى سىلەر ئۈچۈن قارغىشنى بەرىكەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى؛ چۈنكى

---

30:22 **«ئاتىسىنىڭ خوتۇنى»** ـــ ئۆگەي ئانىسى ياكى ئاتىسىنىڭ توقلى. **«ئاتىسىنىڭ يوتقىنىنى ئاچماسلىقى كېرەك»** ـــ دېمەك، ئاتىسىنىڭ توقلى ياكى ئۆگەي ئانىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە ئاتىسىنىڭ نومۇسىغا تەگكەن بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

1:23 **«پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتى»** ـــ بۇ ئىبارە: بىرىنچىدىن مۇقەددەس جاي ئالدىدا بولسۇن ياكى باشقا يەرلەردە بولسۇن ئىبادەت سورۇنلىرىنى، شۇنداقلا پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا تاپشۇرغان هېيت-بايراملارغا قاتنىشىش ئىمتىيازىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئىسرائىلدىكى تولۇق هوقۇقلۇق پۇقرالار، يەنى ئەمەلدار، ئاقساقاللار ياكى سوراقچى بولالايدىغانلارنى كۆرسەتسە كېرەك.

—«...ئاختا بولۇپ قالغان بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت جامائىتىگە كىرەلمەس» ـــ قەدىمكى زامانلاردا بۇتپەرەسلەر ئۆز بۇتلىرىغا ساداقەتلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بەزىدە ئۆز جىنسىي ئەزالىرىنى كېسىۋېتەتتى

**3:23** نەھ. 1:13

4:23 **«ئۇلار ئالدىڭلارغا يېمەكلىك، سۇ ئېلىپ چىقمىدى»** ـــ ئىبرانيي تىلدا «ئۇلار ئالدىڭلارغا نان، سۇ ئېلىپ چىقمىدى».

**4:23** چۆل. 22-24

پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە مۇھەببەت باغلىغان.[6] سىلەر ھەممە كۈنلىرىڭلاردا ئاممونىيلار ۋە موئابىيلارنىڭ ئامان-ئېسەنلىكى ۋە بەختىنى ھەرگىز ئىستىمەڭلار.

[7]لېكىن ئېدومىيلار قېرىندىشىڭلار بولغاچ، ئۇلارغا نەپرەت بىلەن قارىماڭلار. مىسىرلىقلارغىمۇ نەپرەت بىلەن قارىماڭلار، چۈنكى سىلەر ئۇلارنىڭ زېمىنىدا مۇساپىر بولۇپ تۇرغانىدىڭلار. [8]بۇلارنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان بالىلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت جامائىتىگە كىرسە بولىدۇ.

## شەخسىي تازىلىق

[9]دۈشمەنلىرىڭگە قارشى جەڭگە چىقىپ چېدىر تىكسەڭ، ھەرخىل ناپاكلىقتىن ئېھتىيات قىلغىن. [10]ئەگەر ئاراڭلاردا كېچىسى بىرسى چۈشىدە شەيتان ئاتلاپ ناپاك بولغان بولسا، ئۇ چېدىرگاھدىن چىقىپ كەتسۇن؛ چېدىرگاھقا ئۇدۇللا كىرمىسۇن؛ [11] كەچقۇرۇن كىرگەندە ئۇ سۇغا چۈشۈپ، كۈن پاتقاندا چېدىرگاھغا يېنىپ كىرسۇن.

[12]ھاجىتىڭلار ئۈچۈن چېدىرگاھنىڭ سىرتىدا بىر جايىڭلار بولسۇن؛ تەرەتكە شۇ يەرگە بېرىڭلار. [13]سايمانلىرىڭ ئىچىدە بىر گۈرجەك بولسۇن؛ سەن سىرتتا تەرەتكە ئولتۇرساڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئورەك كولاپ تەرىتىڭنى كۆمۈۋەت. [14]چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى قۇتقۇزۇشقا، دۈشمەنلىرىڭنى ئالدىڭلارغا تاپشۇرۇشقا چېدىرگاھىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈرىدۇ؛ شۇڭا سېنىڭ چېدىرگاھىڭ پاك بولسۇن. بولمىسا ئۇ سېنىڭكىدە بىرەر پاسكىنىلىق كۆرسە سەندىن ئايرىلىپ كېتىشى مۈمكىن.

## قۇللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش

[15]ئۆز خوجىسىدىن قېچىپ يېنىڭغا كەلگەن قۇلنى ئۆز خوجىسىغا تۇتۇپ بەرمىگىن. [16]ئۇ ئاراڭلاردا سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇپ، قايسى شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدە قايسى يەرنى تاللىسا، شۇ

10:23 **«شەيتان ئاتلاپ»** — بىز مۇشۇ سۆزنى تەرجىمىمىزدە ئىشلەتكىنىمىز شەيتاننىڭ بۇ ئىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكىنىمىز يوق. ئوقۇرمەنلەر بۇ سۆزگە تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەتتۇق، خالاس.

يەردە تۇرسۇن. سىلەر ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلماڭلار.
[17]ئىسرائىلنىڭ قىزلىرىنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر پاھىشە بولمىسۇن، ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر پاھىشە ھەزىلەك بولمىسۇن. [18]بىر قەسەمنى بەجا كەلتۈرمەك ئۈچۈن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئۆيىگە پاھىشىنىڭ پۇلىنى ياكى ھەزىلەكنىڭ پۇلىنى كەلتۈرمىگىن؛ چۈنكى بۇ ئىككىسى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىكتۇر.

## ئۆسۈم ۋە قەسەملەر توغرۇلۇق

[19]سىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىڭلاردىن ئۆسۈم ئالماڭلار؛ پۇلنىڭ ئۆسۈمى بولسۇن، ئاشلىقنىڭ ئۆسۈمى بولسۇن ياكى ھەرقانداق ئۆسۈم ئالغۇدەك باشقا نەرسىنىڭ ئۆسۈمىنى ئالساڭلار بولمايدۇ. [20]ئەمما چەتئەللىكتىن ئۆسۈم ئالساڭلار بولىدۇ، لېكىن قېرىنداشلىرىڭلاردىن ھېچ ئۆسۈم ئالماڭلار. شۇنداق قىلساڭلار پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەر ئۇنى ئىگىلەشكە كىرىدىغان زېمىندا، قولۇڭلارنىڭ بارلىق ئەمگىكىدە سىلەرگە بەرىكەت بېرىدۇ.
[21]سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا بىر نەرسىنى ئاتاشقا قەسەم قىلغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ھايال قىلما. بولمىسا، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئۇنى سەندىن تەلەپ قىلغىنىدا گۇناھكار بولىسەن. [22]لېكىن ئەگەر سەن بىر نەرسىنى ئاتاشقا قەسەم قىلمىساڭ، ئۇ ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.
[23]ئاغزىڭدىن چىققانغا ئەمەل قىلغىن؛ پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا قەسەم قىلىپ ئاتىغىنىڭنى، يەنى ئاغزىڭنىڭ سۆزى بويىچە ئىختىيارىي ھەدىيەڭنى سۇنۇشۇڭ كېرەك.

---

**18:23** **«ھەزىلەك»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئىت». ئايەتتە ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلغىنى بۇتپەرەسلىك يولىدا پاھىشە بولۇپ تېنىنى ساتقۇچىلار.

**19:23** مىس. 25:22؛ لاۋ. 36:25؛ نەھ. 5:2-13؛ لۇقا 34:6، 35

**21:23** چۆل. 3:30

[24]سەن قوشناڭنىڭ تاللىقىغا كىرسەڭ خالىغىنىڭچە يەپ تويۇن، ئەمما قاچا-قۇچاڭغا ئېلىپ ماڭمىغىن.
[25]قوشناڭنىڭ پىشقان زىرائەتلىكىگە كىرسەڭ، قولۇڭ بىلەن زىرائەتنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ ئالساڭ بولىدۇ؛ ئەمما قوشناڭنىڭ زىرائەتلىرىگە ئورغاق سالغۇچى بولما.

## تالاق خېتى بېرىش توغرۇلۇق

24 [1]ئەگەر بىرسى بىر ئايالنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا بىرەر سەت ئىشنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنمىسە، ئۇنداقتا ئۇ تالاق خېتىنى پۈتۈپ، ئۇنىڭ قولىغا بېرىشى كېرەك؛ ئاندىن ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ. [2]ئايال ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن باشقا ئەرگە تەگسە بولىدۇ. [3]بۇ ئىككىنچى ئەرمۇ ئۇنى يامان كۆرۈپ، تالاق خېتىنى يېزىپ قولىغا بېرىپ ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن چىقىرىۋەتسە ياكى ئۇنى ئالغان ئىككىنچى ئېرى ئۆلۈپ كەتسە[4] ئۇنى قويۇۋەتكەن ئاۋۋالقى ئېرى ئۇنى ناپاك ھېسابلاپ، ئىككىنچى قېتىم خوتۇنلۇققا ئالمىسۇن؛ چۈنكى ئۇنداق قىلسا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك ئىش بولىدۇ. سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا مىراس قىلىپ بېرىدىغان زېمىنىنىڭ ئۈستىگە گۇناھ يۈكلىمىگىن.

---

**25:23** مات. 1:12

**1:24** «**بىرسى... ئايالدا بىرەر سەت ئىشنى بىلىپ،...**» — بۇ يەردىكى «سەت (ئۇياتلىق) ئىش» زىنانى كۆرسەتمەيدۇ؛ زىناخورلۇق بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. شۇڭا «سەت ئىش» بەلكىم ئايالنىڭ باشقا ئەرلەرگە قاراپ ناز-كەرەشمە قىلىشى، زىنا قىلماي لېكىن باشقا بىرسى بىلەن بىرخىل ئوينىشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**1:24** مات. 31:5؛ 7:19؛ مار. 4:10

**4:24** «**...ئۇنداق قىلسا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك ئىش بولىدۇ**» — نېمىشقا بۇ ئىش «پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك ئىش بولىدۇ»؟ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

## رەھىمدىللىق، ماخاۋ كېسلى ۋە ئادالەت توغرۇلۇق

5 ئەگەر بىركىم يېڭىدىن خوتۇن ئالغان بولسا ئۇنىڭغا نە جەڭگە
چىقىش، نە باشقا بىرەر ئىشقا بۇيرۇلمىسۇن؛ ئۇ بەلكى ئالغان
خوتۇنىنى خوش قىلىش ئۈچۈن بىر يىلغىچە ئەركىن-ئازاد بولۇپ
ئۆيىدە ئولتۇرسۇن.
6 ھېچكىم يارغۇنچاق ياكى تۈگمەننىڭ ئۈستى تېشىنى كاپالەتكە
ئالمىسۇن؛ چۈنكى بۇ ئىش بىرسىنىڭ ھاياتىنى كاپالەتكە ئالغاندەك
بولىدۇ.
7 ئەگەر بىركىم ئىسرائىللاردىن بولغان قېرىندىشىنىڭ بىرىنى بۇلاپ
كېلىپ، ئۇنى قۇلدەك ئىشلەتسە ۋە ياكى ئۇنى سېتىۋەتسە شۇ بۇلاڭچى
ئۆلتۈرۈلسۇن؛ سىلەر شۇنداق قىلساڭلار ئاراڭلاردىن رەزىللىكنى
چىقىرىۋېتىسىلەر.
8 پېسە-ماخاۋ ۋاباسى پەيدا بولسا، ئۆزۈڭلارغا پەخەس بولۇڭلار، لاۋىي
كاھىنلارنىڭ سىلەرگە بارلىق كۆرسەتكىنىنى قىلىڭلار؛ مەن ئۇلارغا
قانداق ئەمر قىلغان بولسام شۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار.
9 مىسىردىن چىققىنىڭلاردا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ يولدا
مەريەمگە قانداق قىلغىنىنى ئەسكە ئېلىڭلار.
10 ئەگەر سەن ئۆز بۇرادەر-قوشناڭغا قەرز بەرسەڭ، كاپالەت ئېلىش
ئۈچۈن ئۆيىگە كىرمىگىن؛ 11 بەلكى تاشقىرىدا تۇرۇپ تۇر؛ ساڭا قەرزدار
كىشى ئۆزى ساڭا بېرىدىغان كاپالەتنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقسۇن.
12 شۇ كىشى يوقسۇل بولسا سەن ئۇنىڭدىن كاپالەتكە ئالغان كىيىمنى
يېپىنىپ ئۇخلىمىغايسەن؛ 13 ھېچ بولمىغاندا سەن بەلكى كاپالەتنى

---

**5:24** قان. 7:20

**7:24** مىس. 16:21

9:24 **«... پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ يولدا مەريەمگە قانداق قىلغىنىنى ئەسكە ئېلىڭلار»** — «چۆل.» 12:1-15نى كۆرۈڭ.

**9:24** چۆل. 10:12

12:24 **«سەن ئۇنىڭدىن كاپالەتكە ئالغان كىيىمنى يېپىنىپ ئۇخلىمىغايسەن»** — ياكى «كەچتە ئۇخلىغىنىڭدا ئۇنىڭدىن كاپالەتكە ئالغان كىيىمنى يېنىڭدا قالدۇرمىغىن».

كۈن پاتقاندا ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگىن؛ شۇنداق قىلساڭ ئۇ ئۆز تونىنى
يېپىنىپ ئۇخلىغاندا، ساڭا بەخت-بەرىكەت تىلەيدۇ. شۇنداق قىلساڭ
بۇ ئىش ساڭا پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا ھەققانىيلىق سانىلىدۇ.
[14]ئاجىز، نامرات مەدىكارغا ناھەقلىق قىلما، مەيلى ئۇ
قېرىنداشلىرىڭلاردىن بولسۇن ياكى يېزا-شەھەرلىرىڭلاردا تۇرغان
مۇساپىرلاردىن بولسۇن. [15] ئۇ نامراتلىقتىن ئۆز ھەققىگە ئىنتىزار
بولغاچقا، ئۇ ئىشلىگەن شۇ كۈنى كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ھەققىنى
چوقۇم بەرگىن؛ بولمىسا، ئۇ سېنىڭ توغراڭدا پەرۋەردىگارغا پەرياد
كۆتۈرىدۇ، بۇ ئىش گۇناھ بولۇپ بېشىڭغا چۈشىدۇ.
[16]بالىلىرىنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن ئاتا ئۆلتۈرۈلمىسۇن، بالىلارمۇ
ئاتىنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمىسۇن؛ بەلكى جىنايىتى بار
بولغان ھەربىر كىشى ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىنى تارتسۇن.
[17]سەن مۇساپىر ياكى يېتىم توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى بۇرمىلىما؛ تۇل
ئايالنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىمۇ كاپالەتكە ئالما، [18] بەلكى ئۆزۈڭنىڭ
مىسىردا قۇل بولۇپ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى شۇ يەردىن ھۆر قىلىپ
قۇتقۇزۇپ كەلگىنىنى يادىڭغا كەلتۈرگىن. شۇڭا مەن ساڭا بۇنىڭغا
ئەمەل قىلغىن دەپ بۇيرۇيمەن.
[19]سەن ئېتىزلىقىڭنىڭ ھوسۇلىنى يىغقىنىڭدا بىر باغ ئۆنچىنى
ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ، ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يېنىپ بارمىغىن؛
ئۇ ئۆنچە مۇساپىر، يېتىم-يېسىر ۋە تۇل خوتۇنغا تەگسۇن. شۇنداق
قىلغاندا پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنىڭ قوللىرىڭنىڭ بارلىق
ئەمگىكىنى بەرىكەتلەيدۇ.
[20]زەيتۇن دەرىخىڭنى قاققىنىڭدىن كېيىن شاخلىرىدا قالغانلىرىنى قايتا

---

**13:24** مس. 26:22

**14:24** لاۋ. 13:19؛ ياق. 4:5

**16:24** 2پاد. 6:14؛ 2تار. 4:25؛ يەر. 30:31؛ ئەز. 20:18

**17:24** مس. 22،21:22؛ پەند. 22:22؛ يەش. 23:1؛ يەر. 28:5؛ 3:22؛ ئەز. 29:22؛ زەك. 10:7

**19:24** لاۋ. 9:19؛ 22:23

قاقما؛ قالدۇقلىرى مۇساپىر، يېتىم-يېسىر ۋە تۇل خوتۇنغا تەگسۇن.
[21]ئۈزۈمزارلىقىڭنىڭ ئۈزۈملىرىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن ۋاشاڭ قىلمىغىن. قالدۇقلىرى مۇساپىر، يېتىم-يېسىر ۋە تۇل خوتۇنغا تەگسۇن.
[22]ئۆزۈڭنىڭ مىسىر زېمىنىدا قۇل بولغىنىڭنى يادىڭغا كەلتۈرگىن؛ شۇڭا مەن ساڭا بۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن دەپ بۇيرۇيمەن.

## ھەر تۈرلۈك قانۇن-بەلگىلىمىلەر

25 [1] ئەگەر ئىككى كىشى بىرنەرسىنى تالىشىپ قېلىپ، ھۆكۈم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ سوت ئالدىغا كەلسە، ئۇنداقتا سوراقچىلار دەۋاغا ھۆكۈم چىقىرىپ ھەقدارنى ھەق، گۇناھى بار ئادەمنى گۇناھكار دەپ جاكارلىسۇن. [2]ئەگەر گۇناھكار ئادەم دەررىگە لايىق بولسا، سوراقچى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا يەرگە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ قىلغان گۇناھىغا لايىق ساناپ دەررىلىسۇن. [3]لېكىن پەقەت قىرىق دەررىلا ئۇرۇلسۇن؛ شۇنىڭدىن زىيادە ئۇرۇلمىسۇن، كۆپ ئۇرۇلسا شۇ قېرىنداشىڭ كۆز ئالدىڭدا كەمسىتىلگەن بولىدۇ.
[4]سەن خامان تېپىۋاتقان كالىنىڭ ئاغزىنى بوغمىغىن.
[5]ئەگەر بىر يەردە تۇرىدىغان قېرىنداش ئاكا-ئىنىلارنىڭ بىرى بالا يۈزى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئايالى يات بىر كىشىگە تەگمىسۇن؛ بەلكى ئۇنىڭ ئېرىنىڭ بىرتۇغقان قېرىندىشى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، بىرتۇغقان قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلسۇن؛ [6]ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ ئىسمى ئىسرائىلدىن ئۆچۈرۈلمەسلىكى ئۈچۈن ئايالىنىڭ تۇنجى بالىسىغا ئۇنىڭ ئىسمى قويۇلسۇن.

---

**3:25** 2كور. 24:11
**4:25** 1كور. 9:9؛ 1تىم. 18:5
**5:25** مات. 24:22؛ مار. 19:12؛ لۇقا 28:20

[7]لېكىن ئەگەر بۇ كىشى يەڭگىسىنى ئېلىشنى خالىمىسا، يەڭگىسى
شەھەر دەرۋازىسىدىكى ئاقساقاللارنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئېرىمنىڭ
بىرتۇغقان قېرىندىشى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئىسمىنى ئىسرائىلدا
قالدۇرۇشقا ئۇنىمىدى؛ ئۇ مەن ئۇچۇن بىرتۇغقان قېرىنداشلىق
بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئۇنىمىدى»، دەپ ئېيتسۇن.
[8]ئاندىن ئۇنىڭ شەھىرىدىكى ئاقساقاللار ئۇنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا
نەسىھەت قىلسۇن؛ ئەگەر ئۇ: «مەن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى
خالىمايمەن»، دەپ چىڭ تۇرۇۋالسا، [9]يەڭگىسى ئاقساقاللارنىڭ كۆز
ئالدىدا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن كەشىنى سالدۇرۇپ،
يۈزىگە تۈكۈرۈپ: «بىر تۇغقان قېرىندىشى ئۈچۈن ئائىلە قۇرۇشقا
ئۇنىمىغان كىشىگە شۇنداق قىلىنسۇن!» دەپ جاكارلىسۇن. [10] شۇ
كىشىنىڭ نامى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە: «كەشى سېلىنغۇچىنىڭ
ئۆيى» دەپ ئاتالسۇن.
[11]ئەگەر ئىككى ئادەم بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىنىدا بىرىنىڭ
ئايالى ئۆز ئېرىگە ياردەملىشىپ ئېرىنى ئۇرغۇچىنىڭ قولىدىن
ئاجراتماقچى بولۇپ، قولىنى ئۇزىتىپ ئۇرغۇچىنىڭ جان يېرىنى
تۇتۇۋالسا، [12]ئۇنداقتا سەن ئۇنىڭغا ھېچ رەھىم قىلماي قولىنى
كېسىۋەت.
[13]سېنىڭ خالتاڭدا چوڭ-كىچىك ئىككى خىل تارازا تېشى بولمىسۇن.
[14]ئۆيۈڭدە چوڭ-كىچىك ئىككى خىل ئەفاھ ساقلىما.
[15]تارازا تېشىڭ توپتوغرا، دۇرۇس بولسۇن؛ ئەفاھىڭمۇ توپتوغرا، دۇرۇس
بولسۇن. شۇنداق قىلساڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا بېرىدىغان
زېمىندا ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولىدۇ. [16]چۈنكى كىمكى شۇنداق ئىشلار

**7:25** رۇت 7:4

**9:25** رۇت 5:4

**12:25** **«سەن ئۇنىڭغا ھېچ رەھىم قىلماي...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «كۆزۈڭ ئۇنى ھېچ ئايىماي...».

**14:25** **«ئەفاھ»** ــ ئاشلىق-دانلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى، تەخمىنەن 20 ياكى27 لىتر.

قىلسا، كىمكى ناھەق ئىش قىلسا، خۇدايىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك سانىلىدۇ.

## ئامالەكلەردىن كېلىدىغان خەتەرنى يوقىتىش

[17] مىسىردىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىڭلاردا ئامالەكلەرنىڭ سىلەرگە نېمە قىلغىنىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار؛ [18] ئۇلار خۇدادىن قورقماي، يولدا سىلەرگە ئۇچراپ، سىلەر ھېرىپ-چارچاپ ھالسىزلار قالمىغان چاغدا، كەينىڭلاردا قالغان ئاجىز كىشىلەرنى ئۇرۇپ يوقاتمىدىمۇ؟ ئۇ خۇدادىن ھېچ قورقمىدى. [19] شۇڭا، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ مىراسىڭ بولسۇن دەپ ساڭا ئىگىلەشكە بېرىدىغان زېمىندا، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئەتراپىڭدىكى بارلىق دۈشمەنلىرىڭدىن ئامانلىق بەرگىنىدە، ئامالەكلەرنىڭ نامىنى ئاسماننىڭ تېگىدە ئەسلەنمىگۈدەك دەرىجىدە ئۆچۈرۈۋەت؛ بۇ ئىشنى ئۇنۇتما.

## مېۋە ۋە باشقا مەھسۇلاتلاردىن «بىرىنچى ھوسۇل»نى خۇداغا ئاتاش

26 [1] سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا مىراس قىلىپ بېرىدىغان زېمىنغا كىرىپ ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىپ ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقاندا، [2] پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا بېرىدىغان زېمىننىڭ ھوسۇلىنى ئالغاندا، سەن يەرنىڭ دەسلەپكى پىشقان مېۋىسىنى ئېلىپ، سېۋەتكە سېلىپ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئۆز نامىنى قويۇشقا تاللايدىغان جايغا ئېلىپ بېرىشىڭ كېرەك؛ [3] ئاندىن شۇ ۋاقىتتىكى كاھىننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگار ئۆزى بىزگە بېرىشكە ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا قەسەم قىلغان زېمىنغا كىردىم، بۈگۈن مەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا شۇنداق بولغىنىغا گۇۋاھمەن»، دەپ ئېيتىسەن.

---

**16:25** پەند. 1:11

**17:25** مىس. 8:17

**2:26** مىس. 19:23؛ 26:34؛ لاۋ. 14:2؛ 10:23؛ چۆل. 17:15

[4]كاھىن سىۋەتنى قولۇڭدىن ئېلىپ ئۇنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ قۇربانگاھىنىڭ ئالدىدا قويىدۇ؛ [5]ئاندىن سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەيسەن: ــ «مېنىڭ ئاتام ئەسلى غېرىب بىر ئارامىي ئىدى؛ مىسىرغا چۈشۈپ ئولتۇراقلاشتى؛ ئۇلار شۇ يەردە سانى ئاز مۇساپىر بولسىمۇ، بارغانسېرى كۆپىيىپ ئۇلۇغ، كۈچلۈك، چوڭ بىر خەلق بولدى. [6]لېكىن مىسىرلىقلار بىزگە قاتتىق قوللۇق قىلىپ، زۇلۇم سېلىپ بىزنى ئېغىر ئەمگەككە سالدى. [7]ئەمما بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا پەرياد قىلىۋىدۇق، پەرۋەردىگار ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ بىز تارتىۋاتقان خارلىق، جاپا ۋە زۇلۇمغا نەزىرىنى سالدى. [8]شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار كۈچلۈك قول ۋە ئۇزارتقان بىلەك، دەھشەتلەر ۋە مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلەر بىلەن بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ [9]بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ بۇ زېمىننى، يەنى سۈت بىلەن ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان بىر زېمىننى ئىگە قىلدى!
[10]ئەمدى مانا، ئەي پەرۋەردىگار، سەن ماڭا بەرگەن بۇ زېمىننىڭ مېۋىسىنىڭ دەسلەپكى پىشقىنىنى سېنىڭ قېشىڭغا ئەكەلدىم»، دەيسەن.
شۇلارنى دەپ، سىۋەتنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ھۇزۇرىدا قويۇپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىسەن؛ [11]شۇنداق قىلىپ سەن ۋە ئۆيۈڭدىكىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان ھەممە نېمەتلىرىدىن خۇش بولۇڭلار؛ ئۆزۈڭ، لاۋىيلار ۋە ئاراڭلاردا تۇرىدىغان مۇساپىرلار قوشۇلۇپ شادلىنىڭلار.

## ئۈچىنچى يىلدىكى ئۆشرە

[12]سەن ھەر ئۈچىنچى يىلىدا، يەنى ئوندىن بىرى بولغان ئۆشرە يىلىدا ھەممە ھوسۇلۇڭنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرە ئايرىپ

**5:26 «مېنىڭ ئاتام ئەسلى غېرىب...»** ــ ياكى «مېنىڭ ئاتام ئەسلى سەرگەردان» ياكى «مېنىڭ ئاتام ئەسلى يوقاپ كېتەي دېگەن».
**5:26** يار. 1:46

بولغاندىن كېيىن، سەن لاۋىي بىلەن مۇساپىرغا، يېتىم-يېسىر، تۇل خوتۇنلارغا دەرۋازىلىرىڭنىڭ ئىچىدە شۇلاردىن يەپ تويۇنسۇن دەپ بېرىسەن؛ 13 ۋە سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىپ شۇنداق دەيسەن: «مەن ئۆيۈمدىن خۇداغا مۇقەددەس قىلىنغان نەرسىلەرنى ئايرىپ ئېلىپ چىقىپ، سەن ماڭا تاپىلىغان ئەمر بويىچە بۇلارنى لاۋىي بىلەن مۇساپىرغا، يېتىم-يېسىر، تۇل خوتۇنلارغا بەردىم؛ مەن سېنىڭ ئەمرلىرىڭنىڭ ھېچبىرىنى نە بۇزمىدىم، نە%ھېچقاچان ئۇنۇتمىدىم؛ 14 ماتەم تۇتقانلىرىمدا شۇلاردىن ھېچنېمىنى يېمىدىم، ناپاك ھالەتتە تۇرۇپ بۇنىڭدىن بىرنېمىنى ئالمىدىم؛ ئۆلگەن كىشىگە ئاتاپ بۇنىڭدىن ھېچنېمە بەرمىدىم، بەلكى پەرۋەردىگار خۇدايىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەر ئىشتا سەن ماڭا ئەمر قىلغىنىڭ بويىچە قىلدىم. 15 ئەمدى سەن مۇقەددەس ماكانىڭ بولغان ئاسمانلاردىن نەزەر سېلىپ ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىلنى، شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا قەسەم بىلەن قىلغان ۋەدەڭ بويىچە، ھەسەل بىلەن سۈت ئاقىدىغان، بىزگە بەرگەن بۇ زېمىننى بەرىكەتلىگەيسەن».

## خۇلاسە

16 بۈگۈن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ بۇ بەلگىلىمىلەرگە ھەم ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشقا ئەمر قىلدى؛ پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ بىلەن ئۇلارنى تۇتۇپ ئۇلارغا ئەمەل قىل.
17 سەن بۈگۈن پەرۋەردىگارنى ئۆزۈڭنىڭ خۇدايىڭ بولۇشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ يوللىرىدا مېڭىشقا، ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىپ ئۇنىڭ ئاۋازىغا

**12:26** لاۋ. 30:27؛ چۆل. 24:18؛ قان. 28:14، 29
**13:26** قان. 27:14
**15:26** يەش. 15:63

قۇلاق سېلىشقا قوبۇل قىلدىڭ؛ [18] ۋە پەرۋەردىگار بولسا بۇگۈن سىلەرنى ئۆزىنىڭ خاس خەلقى بولۇشقا، ئۇنىڭ بارلىق ئەمرلىرىنى تۇتۇشقا (ئۇ سىلەرگە ۋەدە قىلغاندەك) سىلەرنى قوبۇل قىلدى.
[19] شۇنداق بولسا، ئۇ سىلەرگە ئىززەت، نام-شۆھرەت ۋە شان-شەرەپ بېرىپ، ئۆزى ياراتقان بارلىق ئەللەردىن سىلەرنى ئۈستۈن قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۈچۈن مۇقەددەس بىر خەلق بولىسىلەر.

## شەكەمدە يىغىلىش ـ بەخت-بەرىكەت ۋە لەنەتلىك ئىشلار

27 [1] مۇسا ۋە ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى خەلققە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ــ
«مەن بۇگۈن سىلەرگە تاپىلىغان بۇ بارلىق ئەمرنى تۇتۇڭلار. [2] ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە بېرىدىغان زېمىنغا كىرگەن كۈندە، سىلەر چوڭ-چوڭ تاشلارنى تىكلەپ ئۇلارنى ھاك بىلەن ئاقارتىڭلار؛ [3] ئاندىن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار سىلەرگە ۋەدە قىلغىنىدەك، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە بېرىدىغان، سۈت بىلەن ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىنغا كىرىشىڭلار ئۈچۈن دەريادىن ئۆتكىنىڭلەردە، بۇ قانۇننىڭ ھەممە سۆزلىرىنى شۇ تاشلارغا پۈتۈپ قويۇڭلار. [4] سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مېنىڭ بۈگۈنكى ئەمرىم بويىچە شۇ تاشلارنى ئېبال تېغىدا تىكلەپ، ئۇلارنى ھاك بىلەن ئاقارتىڭلار. [5] سىلەر شۇ يەردە پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۈچۈن تۆمۈر ئەسۋاب تەگمىگەن تاشلاردىن قۇربانگاھ

17:26 يار. 7:17
18:26 مىس. 5:19؛ قان. 6:7؛ 2:14
19:26 قان. 7:4
2:27 يە. 1:4

ياساڭلار؛ [6] پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ بۇ قۇربانگاھى يونۇلمىغان،
پۈتۈن تاشلاردىن ياسالسۇن؛ ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى
خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنۇڭلار، [7] ۋە شۇ يەردە ئىناقلىق
قۇربانلىقلىرىنىمۇ سۇنۇڭلار، ئۇلاردىن يەپ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ
ھۇزۇرىدا شادلىنىڭلار. [8] سىلەر شۇ تاشلار ئۈستىگە بۇ قانۇننىڭ
ھەممە سۆزلىرىنى ئېنىق پۈتۈپ قويۇڭلار».
[9] ئاندىن مۇسا بىلەن لاۋىي كاھىنلار پۈتكۈل ئىسرائىلغا سۆز قىلىپ:
«ئەي ئىسرائىل، شۈك تۇرۇپ ئاڭلاڭلار! سىلەر بۈگۈن پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلارنىڭ خەلقى بولدۇڭلار. [10] ئەمدى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ
ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، مەن بۈگۈن سىلەرگە تاپىلىغان ئۇنىڭ
ئەمرلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار» ــ دېيىشتى.
[11] شۇ كۈنى مۇسا خەلققە ئەمر قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[12] سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇلار، يەنى
شىمېئون، لاۋىي، يەھۇدا، ئىسساكار، يۈسۈپ بىلەن بىنيامىنلار
گەرىزىم تېغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، خەلققە بەخت-بەرىكەت تىلىسۇن.
[13] بۇلار، يەنى رۇبەن، گاد، ئاشىر، زەبۇلۇن، دان بىلەن نافتالى ئېبال
تېغىنىڭ ئۈستىدە لەنەت ئوقۇشقا تۇرسۇن.

## ئەھدىدە كۆرسىتىلگەن لەنەتلىك ئىشلار

[14] ئۇ ۋاقىتتا لاۋىيلار ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسىگە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ــ
[15] «كىمكى ھۈنەرۋەننىڭ قولى بىلەن بىرەر ئويما ياكى قۇيما مەبۇدنى
ياساپ چىقسا (پەرۋەردىگار ئالدىدا يىرگىنچلىك ئىشتۇر!)، ئۇنى
يوشۇرۇنچە تىكلەپ قويسا لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن
خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ــ ئامىن! دېسۇن.

---

**5:27** مىس. 25:20؛ يە. 31:8

**15:27 «لەنەتكە قالسۇن»** ــ مۇشۇ سۆزنىڭ مۇشۇ يەردىكى ئاساسىي ئۇقۇمى خەلقنىڭ لەنەتكە قالغانلىقى ئەمەس، بەلكى «خۇدا لەنەت قىلدى»، «خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغان» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

[16]«كىمكى ئاتا-ئانىسىنى كۆزگە ئىلمىسا لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ــ ئامىن! دېسۇن.
[17]«كىمكى قوشنىسىنىڭ پاسىل تېشىنى يۆتكىسە لەنەتكە قالسۇن»، دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ئامىن! دېسۇن.
[18]«كىمكى بىر كورنى يولدىن ئازدۇرسا لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ــ ئامىن! دېسۇن.
[19]«كىمكى مۇساپىر، يېتىم-يېسىر ۋە تۇل خوتۇن توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى بۇرمىلىسا، لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ــ ئامىن! دېسۇن.
[20]«كىمكى ئاتىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن ياتسا، ئاتىسىنىڭ يوتقىنىنى ئاچقان بولغاچقا لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ئامىن! ــ دېسۇن.
[21]«كىمكى ھايۋان بىلەن مۇناسىۋەت قىلسا لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ئامىن! ــ دېسۇن.
[22]«كىمكى ئاتىسىنىڭ قىزى ياكى ئانىسىنىڭ قىزى بولغان ئۆز ھەمشىرىسى بىلەن ياتسا لەنەتكە قالسۇن» ــ دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ئامىن! ــ دېسۇن.
[23]«كىمكى قېيىنئانىسى بىلەن ياتسا لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ئامىن! ــ دېسۇن.
[24]«كىمكى قوشنىسىنى پايلاپ تۇرۇپ يوشۇرۇن ئۆلتۈرسە لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ــ ئامىن! دېسۇن.
[25]«كىمكى گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ قېنى ئۈچۈن ھەق ئالسا لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ــ ئامىن! دېسۇن.

---

20:27 **«ئاتىسىنىڭ يوتقىنىنى ئاچقان...»** ــ بۇ سۆزلەر توغرۇلۇق 30:22نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

[26]«كىمكى بۇ قانۇننىڭ سۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەي، ئۇنىڭغا ئەمەل
قىلىشتا چىڭ تۇرمىسا، لەنەتكە قالسۇن» دەپ جاكارلىسۇن.
ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋابەن: ــ ئامىن! دېسۇن.

## ئەھدىنىڭ بەخت-بەرىكەتلىرى

28 [1] ئەگەر سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ
مەن بۈگۈن ساڭا تاپشۇرىدىغان ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشقا
كۆڭۈل بۆلسەڭ، خۇدايىڭ پەرۋەردىگار سېنى يەر يۈزىدىكى ھەممە
ئەللەرنىڭ ئۈستىگە چوڭ قىلىدۇ؛ [2]پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىساڭ بۇ ھەممە بەخت-بەرىكەتلەر ساڭا ئەگىشىپ ئۈستۈڭگە
چۈشىدۇ: ــ
[3]سەن شەھەردە بەخت-بەرىكەتلىك بولىسەن، سەھرادىمۇ بەخت-
بەرىكەتلىك بولىسەن.
[4]بالىياتقۇڭنىڭ مېۋىسى بىلەن يېرىڭنىڭ مېۋىسى، چارپايلىرىڭنىڭ
مېۋىسى، يەنى كالاڭنىڭ نەسىللىرى ۋە قوي پادىلىرىڭ تۇغقىنى
بولسا، بەخت-بەرىكەتلىك بولىدۇ.
[5]سېۋىتىڭ بەخت-بەرىكەتلىك بولىدۇ، تەڭنەڭمۇ بەخت-بەرىكەتلىك
بولىدۇ.
[6]سەن كىرسەڭمۇ بەخت-بەرىكەتلىك بولىسەن، چىقساڭمۇ بەخت-
بەرىكەتلىك بولىسەن.
[7]ساڭا قارشى چىققان دۈشمەنلىرىڭنى پەرۋەردىگار ئالدىڭدا مەغلۇپ
قىلىدۇ؛ ئۇلار بىر يول بىلەن ساڭا ھۇجۇمغا كېلىپ، يەتتە يول بىلەن
ئالدىڭدىن قاچىدۇ.
[8]سېنىڭ ئامبارلىرىڭدا ۋە قولۇڭ بىلەن قىلىدىغان بارلىق
ئىشلىرىڭدا پەرۋەردىگار ئۈستۈڭگە بەخت-بەرىكەت بۇيرۇيدۇ؛
پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا بېرىدىغان زېمىندا ئۇ سېنى بەرىكەتلەيدۇ.

**26:27** گال. 10:3
**1:28** لاۋ. 3:26

[9]ئەگەر سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتۇپ يوللىرىدا ماڭساڭ، ئۆزى قەسەم بىلەن ساڭا ۋەدە قىلغاندەك پەرۋەردىگار سېنى تىكلەپ ئۆزىگە مۇقەددەس بىر خەلق قىلىدۇ. [10]شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى ھەممە خەلقلەر سېنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغىنىڭنى كۆرۈپ سەندىن قورقىدۇ. [11]پەرۋەردىگار سېنى ياشنىتىدۇ؛ ساڭا بېرىشكە ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان زېمىندا سېنى ئۆز بەدىنىڭنىڭ مېۋىسى بىلەن چارپايلىرىڭنىڭ مېۋىسى ۋە يېرىڭنىڭ مېۋىسىنى مول ۋە بەرىكەتلىك قىلىدۇ.
[12]پەرۋەردىگار سېنىڭ زېمىنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا يامغۇر بېرىپ قولliرىڭنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بەرىكەتلەش ئۈچۈن ئۆز خەزىنىسى بولغان ئاسماننى ساڭا ئاچىدۇ؛ ئۆزۈڭ ھېچ كىمدىن قەرز ئالمايسەن، بەلكى كۆپ ئەللەرگە قەرز بېرىسەن. [13]پەرۋەردىگار سېنى قۇيرۇق ئەمەس، باش قىلىدۇ؛ سەن پەقەت ئۈستى بولۇپ، ئاستى بولمايسەن. ئەگەر مەن سىلەرگە بۈگۈن تاپىلىغان پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئەمرلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ ئەمەل قىلساڭ، [14]شۇنداقلا مەن بۈگۈن سىلەرگە بۇيرۇغان ھەممە سۆزلەرنىڭ ھېچ بىرىدىن ئوڭ ياكى سولغا چەتنەپ كەتمىسەڭ، باشقا ئىلاھلارغا ئەگىشىپ قۇللۇقىغا كىرمىسەڭ، شۇنداق بولىدۇ.

## بەخت-بەرىكەتنىڭ لەنەتكە ئايلىنىشى

[15]لېكىن شۇنداق بولىدۇكى، ئەگەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماي، مەن بۈگۈن سىلەرگە تاپىلىغان ئۇنىڭ بارلىق ئەمرلىرى بىلەن بەلگىلىمىلىرىنى تۇتمىساڭلار ھەم ئۇلارغا ئەمەل قىلمىساڭلار، بۇ لەنەتلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا ئەگىشىپ ئۈستۈڭگە چۈشىدۇ: —
[16]سەن شەھەردە لەنەتكە قالىسەن، سەھرادىمۇ لەنەتكە قالىسەن.
[17]سېۋىتىڭ لەنەتكە قالىدۇ، تەڭنەڭمۇ لەنەتكە قالىدۇ.

**11:28** قان. 9:30
**15:28** لاۋ. 14:26؛ يىغ. 17:2؛ دان. 13،11:9؛ مال. 2:2

[18]بالىياتقۇڭنىڭ مېۋىسى، يېرىڭنىڭ مېۋىسى، كالاڭنىڭ نەسىللىرى
ۋە قوي پادىلىرىڭنىڭ تۇغقىنى لەنەتكە قالىدۇ.
[19]سەن كىرسەڭمۇ لەنەتكە قالىسەن، چىقساڭمۇ لەنەتكە قالىسەن.
[20]سېنىڭ پەرۋەردىگارنى تاشلىغان رەزىل قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈن ئۇ
سەن يوق قىلىنغۇچە، تېزدىن ھالاك قىلىنغۇچە، قولۇڭ قىلغان بارلىق
ئىشلىرىڭدا سېنىڭ ئۈستۈڭگە لەنەت، پاراكەندىلىك ۋە دەشنەم
چۈشۈرىدۇ. [21]پەرۋەردىگار سەن ئىگىلەشكە كىرىدىغان زېمىندىن سېنى
يوقاتقۇچە ساڭا ۋابا چاپلاشتۇرىدۇ. [22]پەرۋەردىگار سېنى سىل-ۋابا
كېسىلى، كېزىك كېسىلى، ياللۇغلۇق كېسىلى ۋە بەزگەك كېسىلىگە
گىرىپتار قىلىپ، قۇرغاقچىلىق، چاۋىرىش ئاپىتى ۋە ھال ئاپىتىگە
مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇ ئاپەتلەر سەن يوق قىلىنغۇچە سېنى قوغلايدۇ.
[23]بېشىڭنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان مىستەك، ئايىغىڭنىڭ ئاستىدىكى
يەر تۆمۈردەك بولىدۇ. [24] پەرۋەردىگار سېنىڭ زېمىنىڭدا ياغىدىغان
يامغۇرنى توپا-چاڭ ۋە قۇم قىلىدۇ؛ ئۇلار تاكى سەن ھالاك بولغۇچە
ئاسماندىن ئۈستۈڭگە چۈشىدۇ.
[25]پەرۋەردىگار ئۆزى سېنى دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ قىلىدۇ.
سەن ئۇلارغا قارشى بىر يول بىلەن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن يەتتە
يول بىلەن قاچىسەن؛ يەر يۈزىدىكى ھەممە ئەللەرنى دەككە-دۈككىگە
سالىدىغان ئوبيېكت بولۇپ قالىسىلەر. [26]ئۆلۈكلىرىڭلار ئاسماندىكى
بارلىق ئۇچار-قاناتلار بىلەن يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارغا يەم بولىدۇ؛
ئۇلارنى ھەيدىۋېتىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. [27]پەرۋەردىگار سېنى
مىسىردىكى ساقايماس يارا-چاقىلىرى، چىقان-ھۆررەكلەر، تەمرەتكە،

22:28 **«قۇرغاقچىلىق»** ــ ياكى «قىلىچ». **«چاۋىرىش ئاپىتى»** ــ ياكى «قۇرغاق شامال».
**22:28** لاۋ. 16:26
**23:28** لاۋ. 19:26

قىچىشقاق بىلەن ئۇرىدۇ. [28] پەرۋەردىگار سېنى ساراڭلىق، كورلۇق ۋە
پاراكەندىلىك بىلەن ئۇرىدۇ. [29] سەن كۆپكۈندۈزدە كور كىشى قاراڭغۇدا
تەمتىلىگەندەك تەمتىلەپ يۈرىسەن، بارلىق يوللىرىڭ ئاقمايدۇ؛
سەن كۈندىن-كۈنگە پەقەت زۇلۇم بىلەن بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغۇچى
بولىسەن، سېنى قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ.
[30] سەن بىر خوتۇن بىلەن ۋەدىلەشسەڭ باشقا بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن ياتىدۇ؛
ئۆينى سالساڭ ئۇنىڭدا ئولتۇرالمايسەن، تەك تىككەن بولساڭ مېۋىسىنى
يېيەلمەيسەن. [31] كالاڭ كۆزلىرىڭنىڭ ئالدىدا سويۇلىدۇ، لېكىن گۆشىدىن
يېيەلمەيسەن؛ قاراپ تۇرۇپ ئېشىكىڭ سەندىن بۇلاپ كېتىلىدۇ، ساڭا
يېنىپ كەلمەيدۇ. قويلىرىڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ،
ئۇلارنى ياندۇرۇپ كېلىشكە ياردەمگە ھېچكىم چىقمايدۇ.
[32] ئوغۇل بىلەن قىزلىرىڭ باشقا بىر ئەلنىڭ قولىغا چۈشۈپ، كۆزلىرىڭ
پۈتۈن كۈن ئۇلارغا تەلمۈرۈش بىلەن چارچايدۇ؛ لېكىن قولۇڭ ئۇلارنى
قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز قالىدۇ.
[33] يېرىڭنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئەمگىكىڭنىڭ بارلىق مېۋىسىنى
سەن تونۇمايدىغان بىر ئەل يەپ كېتىدۇ؛ سەن بارلىق كۈنلىرىڭدە
ئېزىلىپ زۇلۇم تارتىسەن؛ [34] كۆزلىرىڭ كۆرگەن ئىشلاردىن سەن ساراڭ
بولۇپ كېتىسەن.
[35] پەرۋەردىگار سېنى تاپىنىڭدىن چوققاڭغىچە، تىزىڭ بىلەن پاچاق-
پۇتلىرىڭغىچە ساقايماس دەھشەتلىك يارا-چاقىلار بىلەن ئۇرىدۇ.
[36] پەرۋەردىگار سېنى ئۆز ئۈستۈڭگە تىكلىگەن پادىشاھىڭغا قوشۇپ
ئۆزۈڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭ تونۇمىغان بىر ئەلگە تۇتۇپ بېرىدۇ.
سەن شۇ يەردە تۇرۇپ ياغاچ ۋە تاشتىن ياسالغان باشقا ئىلاھلارغا
چوقۇنىسەن. [37] سەن پەرۋەردىگار سېنى ئېلىپ بارىدىغان ھەممە

---

**27:28 «مىسىردىكى ساقايماس يارا-چاقىلىرى...»** — بەلكىم خۇدا ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزغاندا مىسىرلىقلارغا چۈشۈرگەن يارا-چاقىلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («مىس.» 9:9-11نى كۆرۈڭ).

**27:28** مىس. 9:9

ئەللەر ئارىسىدا ۋەھىمە، سۆز-چۆچەك ۋە تاپا-تەنىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالىسەن.

## بەخت-بەرىكەتنىڭ لەنەتكە ئايلىنىشى - داۋامى

38 سەن ئېتىزلىقتا بىرىپ كۆپ ئۇرۇق چاچىسەن، لېكىن چېكەتكىلەر ئۇلارنى يەپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن ئاز يىغىپ كېلىسەن.
39 تاللارنى تىكىپ پەرۋىش قىلساڭمۇ، ئۇلارنى قۇرتلار يەپ كېتىپ، نە مېۋىسىنى يىغالمايسەن، نە شاراب ئىچەلمەيسەن.
40 زېمىنىڭنىڭ ھەر يېرىدە زەيتۇن باغلىرىڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېيى بىلەن بەدىنىڭنى مەسىھلەپ مايلىيالمايسەن؛ چۈنكى دەرەخلەردىكى مېۋىلەر پىشمايلا چۈشۈپ كېتىدۇ.
41 ئوغۇل ۋە قىز پەرزەنت كۆرسەڭمۇ، لېكىن ئۇلار يېنىڭدا تۇرمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلار سۈرگۈن بولۇپ كېتىدۇ.
42 سېنىڭ ھەربىر دەرىخىڭ بىلەن يېرىڭنىڭ بارلىق مەھسۇلاتلىرىنى چېكەتكىلەر ئۆزىنىڭ قىلىدۇ.
43 ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان مۇساپىر سەندىن بارغانسېرى ئۈستۈن بولۇپ، سەن بارغانسېرى تۆۋەن بولۇپ قالىسەن. 44 ئۇ ساڭا قەرز بەرگۈچى بولىدۇ، ئەمما سەن ئۇنىڭغا قەرز بېرەلمەيسەن. ئۇ باش بولىدۇ، سەن قۇيرۇق بولىسەن.
45 سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماي، ئۇ ساڭا تاپىلىغان ئەمر ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۇتمىغىنىڭ ئۈچۈن بۇ لەنەتلەرنىڭ ھەممىسى سەن ھالاك قىلىنغۇچە سېنى قوغلاپ يېتىپ، ئۈستۈڭگە چۈشىدۇ. 46 بۇ لەنەتلەر ئۆزۈڭ ۋە نەسلىڭنىڭ ئۈستىگە مەڭگۈلۈك چۈشىدىغان مۆجىزىلىك ئالامەت ۋە كارامەت بولۇپ قالىدۇ.
47 سەن كەڭرىچىلىكتە شادلىق ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقى بىلەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ قۇللۇقىدا بولمىغاچقا، 48 بۇنىڭ ئورنىغا سەن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق، يالىڭاچلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ كەمچىلىكىدە

**38:28** مىك. 15:6؛ ھاگ. 6:1

بولۇپ پەرۋەردىگار ساڭا قارشى ئەۋەتىدىغان دۈشمەنلىرىڭنىڭ قۇللۇقىدا بولۇپ قالىسەن؛ ئۇ سېنى ھالاك قىلغۇچە بوينۇڭغا تۆمۈر بويۇنتۇرۇقنى سالىدۇ. [49]پەرۋەردىگار يىراقتىن، يەنى يەر يۈزىنىڭ چېتىدىن سەن تىلىنى بىلمەيدىغان، بۈركۈتتەك شۇڭغۇپ كېلىدىغان بىر ئەلنى ساڭا قارشى ئەۋەتىدۇ. [50]ئۇ ئەلپازى ئەشەددىي، قېرىلارغا يۈز-خاتىرە قىلمايدىغان ۋە ياشلارغا مېھىر كۆرسەتمەيدىغان بىر ئەل بولىدۇ. [51]ئۇ سەن ھالاك بولغۇچە، چارۋىلىرىڭنىڭ نەسلى بىلەن يېرىڭنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى يەپ كېتىدۇ؛ چۈنكى ئۇ سېنى يوقىتىپ بولمىغۇچە ساڭا نە ئاشلىق، نە يېڭى شاراب، نە زەيتۇن مېيى، نە كالاڭنىڭ موزايلىرى نە قوي پادىلىرىڭنىڭ قوزىلىرىدىن بىر نېمىنى قويمايدۇ. [52]سەن تايانغان پۈتكۈل زېمىنىڭدىكى ھەممە ئېگىز، مەھكەم سېپىللىرىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكۈچە، ئۇ پۈتكۈل زېمىنىڭدىكى بارلىق دەرۋازىلىرىڭ ئالدىغا كېلىپ، سېنى قورشىۋالىدۇ؛ ئۇ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا بەرگەن زېمىنىڭنىڭ ھەر يېرىدىكى ھەممە دەرۋازىلىرىڭ ئالدىغا كېلىپ، سېنى قورشىۋالىدۇ.
[53]شۇ ۋاقىتتا دۈشمەنلىرىڭنىڭ قىستاپ كېلىشلىرى بىلەن بولغان قامال-قىستاڭنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئىچىدە، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا ئاتا قىلغان، ئۆز تېنىڭنىڭ مېۋىسى بولغان ئوغۇللىرىڭنىڭ گۆشىنى ۋە قىزلىرىڭنىڭ گۆشىنى يەيسەن. [54]ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئاراڭلاردىكى نازۇك، ئىنتايىن سىلىق-سىپايە بىر ئادەم قېرىندىشى، قۇچىقىدىكى ئايالى، شۇنداقلا تېخى تىرىك بالىلىرىدىن قىزغىنىپ، ئۇلارغا يامان كۆزى بىلەن قارايدۇ؛ [55]شۇڭا، دۈشمەنلىرىڭنىڭ قامال-ئىسكەنجىسىدە سەن ئۆز دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدە قىينالغىنىڭدا ھېچنېمە قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى يەۋاتقان بالىلىرىنىڭ گۆشىدىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئازراقمۇ بەرمەيدۇ.
[56-57]ئاراڭلاردىكى ئەسلىدە نازۇك ۋە سىلىق-سىپايە بولغان، سىلىق-سىپايىلىكى ۋە نازۇكلۇقىدىن پۇتى بىلەن يەرگە

**53:28** لاۋ. 29:26؛ 2پاد. 29:6؛ يىغ. 10:4

دەسسەشنىمۇ خالمايدىغان ئايال قۇچىقىدىكى ئېرى، ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرىدىن قىزغىنىپ، ئۇلارغا يامان كۆزى بىلەن قارايدۇ؛ چۈنكى دۈشمەنلىرىڭنىڭ قامال-ئىسكەنجىسى بىلەن سەن ئۆز دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدە قىينالغىنىڭدا ھېچنەرسە قالمىغاچقا، ئۇ ئۆز پۇتى ئارىلىقىدىن چىققان بالا ھەمراھى بىلەن ئۆزى تۇغقان باللىرىنى يوشۇرۇنچە يەيدۇ.

## خۇدانىڭ ئەھدىسىدىن چىقىشنىڭ ئاقىۋىتى

[58]سەن بۇ كىتابتا پۈتۈلگەن بۇ قانۇننىڭ بارلىق سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمىسەڭ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك نامىدىن قورقمىساڭ، [59]پەرۋەردىگار سېنىڭ ئۈستۈڭگە چۈشۈرىدىغان ۋابالار ھەم نەسلىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان ۋابالارنى ئاجايىب قىلىدۇ؛ ئۇ دەھشەتلىك، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ۋابالارنى ۋە ئېغىر، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان كېسەللەرنى ئۈستۈڭگە ۋە نەسلىڭگە چۈشۈرىدۇ؛ [60]پەرۋەردىگار سەن قورقىدىغان، مىسىردىكى بارلىق كېسەللەرنى ئۈستۈڭگە چۈشۈرۈپ، ساڭا چاپلاشتۇرىدۇ. [61]شۇنىڭدەك بۇ قانۇنىي كىتابتا پۈتۈلمىگەن ھەممە كېسەل ۋە ھەممە ۋابانىمۇ پەرۋەردىگار تاكى سەن ھالاك بولغۇچە ئۈستۈڭگە چۈشۈرىدۇ. [62]شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك نۇرغۇن بولساڭلارمۇ، ئەمدىلىكتە ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر بولۇپ قالىسىلەر؛ چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىدىڭلار.

[63]ۋە شۇنداق بولىدۇكى، پەرۋەردىگار ئىلگىرى سىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ، سىلەرنى ئاۋۇتقىنىدىن سۆيۈنگەندەك، ئۇ ئەمدى سىلەرنى يوقىتىپ ھالاك قىلىدىغىنىدىن سۆيۈنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئىگىلەشكە كىرىدىغان زېمىندىن يۇلۇپ تاشلىنىسىلەر. [64]پەرۋەردىگار سىلەرنى يەر يۈزىنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگىچە بولغان ھەممە ئەللەرنىڭ ئارىسىغا تارقىتىدۇ؛ سىلەر ئۆزۈڭلار ياكى ئاتا-بوۋىلىرىڭلار تونۇمىغان ياغاچ بىلەن تاشتىن ياسالغان

ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىدا بولىسىلەر؛ 65 سىلەر ئۇ ئەللەرنىڭ ئارىسىدا
نە ئارام تاپالمايسىلەر، نە تاپىنىڭلار تىرەپ تۇرغۇدەك ھېچ مەزمۇت
جاي بولمايدۇ؛ پەرۋەردىگار بەلكى شۇ يەردە سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى
غۇۋالاشتۇرۇپ تىترىتىپ، كۆزۈڭلارنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ جېنىڭلارنى
سولاشتۇرىدۇ. 66 سىلەر قاراپ تۇرۇپ جېنىڭلار قىلدا ئېسىقلىقتەك
تۇرىدۇ؛ سىلەر كېچە-كۈندۈز دەككە-دۈككىدە بولۇپ جېنىمدىن
ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟ ـ دەپ قورقىسىلەر؛ 67 كۆڭلۈڭنى باسقان ۋەھىمە
ۋە پاراكەندىچىلىك ۋە كۆزلىرىڭ كۆرگەن كۆرۈنۈشلەر تۈپەيلىدىن
ئەتىگىنى: «كاشكى كەچ بولسىدى!»، كەچتە بولسا: «كاشكى
ئەتىگەن بولسىدى!» دەيسەن. 68 پەرۋەردىگار سىلەرگە ۋەدە قىلىپ:
«سىلەر بۇ يولنى ئىككىنچى يەنە كۆرمەيسىلەر» دېگەن شۇ يول
بىلەن سىلەرنى كېمىگە چۈشۈرۈپ مىسىرغا ياندۇرىدۇ. سىلەر شۇ
يەردە دۈشمەنلىرىڭلارغا قۇل-دېدەك بولۇشقا ئۆزۈڭلارنى ساتىسىلەر،
لېكىن سىلەرنى ئالغىلى ئادەم چىقمايدۇ.

## مۇسا پەيغەمبەر خەلققە سۆز قىلىدۇ ـ ئەسلەش ۋە جېكىلەش

29 1 تۈۋەندىكىلەر پەرۋەردىگار ئىسرائىللار بىلەن ئەھدە باغلاش
ئۈچۈن موئاب زېمىنىدا مۇساغا تاپىلىغان سۆزلەردۇر. بۇ ئەھدە
پەرۋەردىگار ئۇلار بىلەن ھورەبدە قىلغان ئەھدىدىن باشقا بىر ئەھدە ئىدى.
2 مۇسا پۈتكۈل ئىسرائىلنى چاقىرىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
«سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ مىسىر زېمىنىدا پىرەۋنگە، ئۇنىڭ بارلىق
خىزمەتكارلىرى ۋە زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە كۆز ئالدىڭلاردا نېمە
ئىش قىلغىنىنى كۆردۈڭلار، 3 يەنى شۇ چوڭ ئاپەتلەر بىلەن ئۇلۇغ
مۆجىزىلىك ئالامەت ۋە كارامەتلەرنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار.

**64:28** قان. 27:4؛ نەھ. 8:1
**2:29** مىس. 4:19

[4]لېكىن پەرۋەردىگار سىلەرگە بۈگۈنگىچە چۈشەنگۈدەك كۆڭۈل،
كۆرگۈدەك كۆز ۋە ئاڭلىغۇدەك قۇلاق بەرمىدى. [5]مەن قىرىق يىل
سىلەرنى باياۋاندا يېتەكلەپ يۈردۈم؛ شۇ ۋاقىتلاردا ئۈستۈڭلاردىكى
كىيىملىرىڭلار كونىرىمىدى، پۇتۇڭلاردىكى كەشىڭلارمۇ كونىراپ
كەتمىدى. [6]خۇدا ئۆزىنىڭ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دەپ، سىلەرگە يېيىشكە نان، ئىچىشكە شاراب
ياكى كۈچلۈك ئىچىملىك نېسىپ قىلمىدى. [7]سىلەر بۇ جايغا يېتىپ
كەلگىنىڭلاردا ھەشبوننىڭ پادىشاھى سىھون بىلەن باشاننىڭ
پادىشاھى ئوگ بىز بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقتى؛ ئەمما بىز ئۇلارنى ئۇرۇپ
مەغلۇپ قىلدۇق؛ [8]بىز ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئېلىپ رۇبەنلەر بىلەن
گادلار ۋە ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە مىراس قىلىپ بەردۇق.
[9]ئەمدى سىلەر ھەممە ئىشلىرىڭلاردا راۋاج تېپىش ئۈچۈن بۇ
ئەھدىنىڭ سۆزلىرىنى تۇتۇپ، ئۇلارغا ئەمەل قىلىڭلار.
[10]بۈگۈن ھەممىڭلار ــ قەبىلە باشلىقلىرىڭلار، ئاقساقاللىرىڭلار،
ئەمەلدارلىرىڭلار، شۇنىڭدەك ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئەرلىرى، [11]كىچىك
باللىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار، چېدىرگاھىڭلاردا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلار،
شۇنداقلا ئوتۇن كەسكۈچىلىرىڭلار ۋە سۇ توشۇغۇچىلىرىڭلارمۇ،
ھەممىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ھازىر تۇرۇۋاتىسىلەر؛ [12]مەقسەت
شۇكى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئەھدىسىگە، يەنى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلار بۈگۈن سىلەرگە بەرگەن قەسىمى بىلەن باغلىغان ئەھدىگە
داخىل بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر، [13]ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ سىلەرنى
بۈگۈن ئۆزىگە خاس بىر خەلق قىلىپ سىلەرگە ۋەدە قىلغىنىدەك،
ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا، يەنى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا قىلغان
قەسىمى بويىچە ئۆزى سىلەرگە خۇدا بولۇشتۇر. [14]لېكىن مەن بۇ ئەھدە

**3:29** قان. 4:34؛ 19:7

**7:29** چۆل. 21:24،33؛ قان. 2:32؛ 3:1

**8:29** چۆل. 32:33؛ قان. 3:12؛ يە. 13:8

**13:29** يار. 17:7

ۋە قەسەمنى يالغۇز سىلەر بىلەنلا ئەمەس، [15]بەلكى بۈگۈن بىز بىلەن بۇ يەردە پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلار، شۇنداقلا بۈگۈن بۇ يەردە بىز بىلەن بىرگە بولمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەنمۇ تۈزۈشىمەن [16] (چۈنكى سىلەر بىزنىڭ مىسىر زېمىنىدا قانداق تۇرغانلىقىمىز ۋە سەپىرىمىزدە ئەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قانداق ئۆتۈپ كەلگىنىمىزنى ئوبدان بىلىسىلەر؛ [17]سىلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياغاچ، تاش، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان بۇتلارنى كۆردۈڭلار). [18]ئەھدىنىڭ مەقسىتى بولسا، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ھەربىر ئەر، ھەربىر ئايال، ھەربىر ئائىلە ۋە ھەربىر قەبىلىلىرىڭلاردىن بۈگۈن كۆڭلى پەرۋەردىگار خۇدايىمىزدىن يېنىپ، شۇ ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ قۇللۇقىغا كىرىپ كېتىدىغان ھېچ كىشى بولمىسۇن، شۇنداقلا ئاراڭلاردا ئۆت سۈيى ۋە ئەمەن چىقىرىدىغان يىلتىز پەيدا بولۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن دۇر. [19] دەرۋەقە شۇنداق بولىدۇكى، شۇ لەنەت سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆز كۆڭلىدە ئۆز-ئۆزىنى بەخت-بەرىكەتلىك ساناپ: «مەن قانچە باشباشتاقلىق بىلەن ماڭساممۇ، تىنچ-ئامانلىقتا تۇرۇۋېرىمەن»، دېگۈچى شۇنداق بىر كىشى بولىدۇ؛ نەتىجىدە، نەم يەرمۇ چاڭقاق يەرگە ئوخشاشلا ۋەيران قىلىنىدۇ. [20] پەرۋەردىگار مۇنداق كىشىنى ئەپۇ قىلمايدۇ، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بىلەن ئوتلۇق قەھرى تۇتۇنۇدەك شۇ كىشىگە چۈشىدۇ؛ بۇ كىتابتا پۈتۈلگەن ھەممە لەنەتلەر ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاسماننىڭ تېگىدىن ئۆچۈرىدۇ. [21]پەرۋەردىگار بۇ قانۇن كىتابىدا پۈتۈلگەن ئەھدىنىڭ ھەممە لەنەتلىرى بويىچە ئىسرائىلنىڭ بارلىق

---

**15:29 «لېكىن مەن بۇ ئەھدە... كىشلەرنىڭ ھەممىسى بىلەنمۇ تۈزۈشىمەن»** ــ مۇسۇ سۆزلەردە (14--15ئايەتتە) «مەن» دېگەن سۆزلىگۈچى مۇسا پەيغەمبەر بولسا كېرەك.

**18:29** روس. 23:8؛ ئىبر. 15:12

**19:29 «نەم يەرمۇ چاڭقاق يەرگە ئوخشاشلا ۋەيران قىلىنىدۇ»** ــ ياكى «مەست كىشى ئۇسسۇز كىشىگە قوشۇلۇپ يوقىتىلىدۇ». باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرىمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن. لېكىن ئومۇمىي مەنىسى شۈبھىسىزكى، ھەممە ئادەم ئاپەتكە ئۇچراپ يوقىتىلىدۇ.

قەبىلىلىرىدىن ئۇنى ئايرىپ چىقىپ، ئاپەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ.
[22]كەلگۈسى دەۋر بولسا، يەنى سىلەردىن كېيىن چىقىدىغان باللىرىڭلار
ۋە شۇنداقلا يىراق يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىرلار پەرۋەردىگار شۇ
زېمىننىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەن بالايىئاپەتلەر بىلەن كېسەللەرنى
كۆرىدۇ؛ [23] پەرۋەردىگار غەزىپى ۋە قەھرى بىلەن ۋەيران قىلغان
سودوم، گوموررا، ئادماھ ۋە زەبوئىملارنىڭ ۋەيرانچىلىقىدەك زېمىننىڭ
ھەممە يېرى گۈڭگۈرتلىشىپ، شورلىشىپ، كۆيۈپ كەتكىنىنى،
تېرىقچىلىقمۇ، ھوسۇلمۇ بولمىغىنىنى، ئوت-چۆپمۇ ئۈنمىگىنىنى
كۆرىدۇ؛ [24]بۇنى كۆرگەنلەر، ھەتتا ھەممە ئەل-يۇرت: «نېمىشقا
پەرۋەردىگار بۇ زېمىنغا مۇنداق قىلغاندۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ غەزىپى
شۇنچە قاتتىق، ئەشەددىي بولغاندۇ؟» دەپ سورايدۇ؛ [25] ئاندىن ئۇلارغا
جاۋاب بېرىلىپ: «ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ
ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىقارغىنىدا ئۇلار بىلەن
بېكىتكەن ئەھدىنى تاشلاپ، [26]بېرىپ ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى بولمىغان،
ئۆزىمۇ تونۇمىغان ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرىپ، ئۇلارغا چوقۇنغىنى
ئۈچۈن شۇنداق بولدى. [27]مانا بۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى
بۇ زېمىنغا تۇتىشىپ، بۇ كىتابتا پۈتۈلگەن ھەممە لەنەتنى ئۇنىڭ
ئۈستىگە كەلتۈردى. [28]شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار غەزەپ، ئاچچىق ۋە
زور قەھر بىلەن ئۇلارنى يۇرتىدىن يۇلۇپ، باشقا بىر يۇرتقا تاشلىدى»
ــ دېيىلىدۇ.

[29]ھەربىر يوشۇرۇن سىرلار بولسا پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭكىدۇر؛
لېكىن ھەرقانداق ئاشكارىلانغان ۋەھىيلەر بولسا بۇ قانۇننىڭ
سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەبەدگىچە بىز ۋە
باللىرىمىزنىڭكىدۇر.

---

**24:29** يەر. 8:22

30 1 ۋە شۇنداق بولىدۇكى، بۇ بارلىق ئىشلار، يەنى مەن سىنىڭ
ئالدىڭدا قويغان بۇ بەرىكەت بىلەن لەنەت بېشىڭغا
چۈشكىنىدە، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى ھەيدىۋەتكەن ئەللەرنىڭ
ئارىسىدا تۇرۇپ بۇلارنى ئېسىڭگە ئېلىپ كۆڭۈل بۆلۈپ، 2 ئۆزۈڭ ۋە
بالىلىرىڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ يېنىغا يېنىپ ئۇنىڭ ئاۋازىغا
قۇلاق سېلىپ، مەن بۈگۈن ساڭا ئەمر قىلغان بارلىق ئىشلارغا
پۈتۈن قەلبىڭ ۋە پۈتۈن جېنىڭ بىلەن ئىتائەت قىلساڭ، 3 شۇ چاغدا
پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرۇپ، ساڭا ئىچىنى
ئاغرىتىپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئۆزى ھەيدىۋەتكەن ئەللەردىن
يىغىپ كېلىدۇ. 4 گەرچە ئاراڭلاردىن ھەتتا ئاسمانلارنىڭ چېتىگىچىمۇ
ھەيدىلىپ كەتكەنلەر بولسىمۇ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى شۇ
يەردىن يىغىپ جەم قىلىپ كېلىدۇ. 5 پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى
ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ تەۋەلىكى بولغان زېمىنغا كەلتۈرىدۇ ۋە سەن
ئۇنى ئىگىلەيسەن؛ ئۇ ساڭا ياخشىلىق قىلىپ ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ
ساندىن زىيادە كۆپ قىلىدۇ؛ 6 پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن
قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ بىلەن سۆيۈشكە پەرۋەردىگار خۇدايىڭ
قەلبىڭنى ۋە نەسلىلىرىڭنىڭ قەلبىنى خەتنە قىلىدۇ؛ شۇنىڭ
بىلەن سىلەر ھايات ياشايسىلەر. 7 شۇنداقلا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
بۇ ھەممە لەنەتلەرنى دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئۈستىگە، سىلەرگە
نەپرەتلىنىدىغانلارنىڭ ئۈستىگە، سىلەرگە زىيانكەشلىك
قىلغانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرىدۇ. 8 سىلەر بولساڭلار يېنىپ كېلىپ
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، مەن بۈگۈن
سىلەرگە تاپىلىغان ھەممە ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىسىلەر. 9 شۇنداق
قىلساڭلار، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار قوللىرىڭلارنىڭ ھەممە ئىشىدا،
بەدىنىڭلارنىڭ مېۋىسىنى، چارپاي ماللىرىڭلارنىڭ مېۋىسىنى ۋە

**3:30** نەھ. 8:1؛ زەب. 47-45:106؛ يەر. 37:32

**4:30** نەھ. 9:1

**6:30** يەر. 39:32؛ ئەز. 19:11؛ 26:36

يېرىڭنىڭ مېۋىسىنىمۇ ئاۋۇتۇپ سىلەرنى زور ياشنىتىدۇ. چۈنكى
پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن
سۆيۈنگەندەك، سىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن سۆيۈنىدۇ. [10] سىلەر
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، بۇ قانۇن كىتابىدا
پۈتۈلگەن ئەمرلەر بىلەن بەلگىلىمىلەرنى تۇتۇپ، پۈتۈن قەلبىڭلار،
پۈتۈن جېنىڭلار بىلەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ تەرىپىگە
بۇرۇلساڭلارلا، شۇنداق بولىدۇ.
[11]چۈنكى مەن بۈگۈن ساڭا تاپىلىغان بۇ ئەمر سەن ئۈچۈن كارامەت ئىش
ئەمەس ياكى سەندىن يىراقمۇ ئەمەس. [12] بۇ ئەمر ئاسماننىڭ ئۈستىدە
ئەمەس، سېنىڭ: «بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىقىمىز ئۈچۈن كىم
ئاسمانغا چىقىپ ئۇنى ئېلىپ چۈشۈپ بىزگە ئاڭلىتىدۇ؟» دېيىشىڭنىڭ
ھاجىتى بولمايدۇ. [13] ۋە شۇنىڭدەك بۇ ئەمر دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ
ئەمەستۇر، سېنىڭ: «بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىقىمىز ئۈچۈن كىم
دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ بىزگە ئاڭلىتىدۇ» دېيىشىڭنىڭ
ھاجىتى بولمايدۇ. [14]چۈنكى بۇ سۆز بولسا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىقىڭ
ئۈچۈن ساڭا بەك يېقىن، يەنى ئاغزىڭدا ۋە كۆڭلۈڭدە باردۇر.
[15]مانا، مەن بۈگۈن ئالدىڭلاردا ھايات بىلەن ياخشىلىق، ئۆلۈم
بىلەن يامانلىقنى قويدۇم؛ [16]چۈنكى ئۆزۈم ساڭا ھۆكۈم بېرىپ: ــ
سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ يوللىرىدا مېڭىپ،
ئەمرلىرى، بەلگىلىمىلىرىگە ھەم ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىڭلار، دەپ

**9:30** قان. 11:28

**10:30** ئىبر. 7:3، 7:4

**11:30** **«بۇ ئەمر سەن ئۈچۈن كارامەت ئىش ئەمەس»** ــ بۇ ئايەتتىكى «كارامەت» دېگەن سۆز ئادەتتە پەقەت خۇدالا قىلىدىغان ئىشنى ياكى خۇدانىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق 10-ئايەتتىكى «پۈتۈن قەلبىڭلار، پۈتۈن جېنىڭلار بىلەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ تەرىپىگە بۇرۇلساڭلارلا...» دېگەنلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار.

**12:30** رىم. 10:6-8

**14:30** **«... بۇ سۆز ... ساڭا بەك يېقىن، يەنى ئاغزىڭدا ۋە كۆڭلۈڭدە باردۇر»** ــ «رىم.» 10:6-10نى كۆرۈڭ.

بۇگۈن سىلەرگە تاپىلىدىم؛ شۇنداق قىلساڭلار سىلەر ياشاپ ئاۋۇپ،
ئۇنى ئىگىلەشكە كىرىدىغان زېمىنغا بارغىنىڭلاردا پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلار سىلەرنى بەرىكەتلەيدۇ. [17]لېكىن ئەگەر كۆڭلۈڭنى تەتۈر
قىلىپ، قۇلاق سالماي ئازدۇرۇلۇپ، باشقا ئىلاھلارغا باش ئۇرۇپ
چوقۇنغىلى تۇرساڭ، [18]مەن شۇنى بۈگۈن سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇپ
ئېيتىپ قويايكى، سىلەر ھالاك بولماي قالمايسىلەر؛ سىلەر
ئۇنى ئىگىلەشكە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ بارىدىغان زېمىنغا
كىرگىنىڭلاردا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيسىلەر.
[19]مەن بۈگۈن ھايات بىلەن ئۆلۈمنى، بەرىكەت بىلەن لەنەتنى ئالدىڭدا
قويغىنىمغا ئاسمان بىلەن زېمىننى ئۇستۇڭگە گۇۋاھ بولۇشقا
چاقىرىمەن؛ ئەمدى ئۆزۈڭ ۋە نەسلىڭ ياشاي دېسەڭلار، ھاياتنى
تاللىۋال؛ [20] پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق
سېلىپ، ئۇنىڭغا باغلانغىن؛ چۈنكى ئۇ ئۆزى سېنىڭ ھاياتىڭ ۋە
ئۆمرۈڭنىڭ ئۇزۇنلۇقىدۇر؛ چۈنكى شۇنداق قىلساڭ پەرۋەردىگار ئاتا-
بوۋىلىرىڭ بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا: «مەن سىلەرگە ئۇنى
بېرىمەن» دەپ قەسەم قىلىپ ۋەدە قىلغان زېمىندا تۇرىسەن».

## يەشۇئا مۇساغا ئورۇن باسار قىلىپ بېكىتىلىدۇ

31 [1]ئاندىن مۇسا بېرىپ ھەممە ئىسرائىلغا سۆز قىلدى؛ [2]ئۇ
مۇنداق دېدى: «مەن بۈگۈن بىر يۈز يىگىرمە ياشقا كىردىم؛
ئەمدى سىلەرگە سەردار ياكى باشلىغۇچى بولالمايمەن. پەرۋەردىگار
ماڭا: سەن بۇ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتمەيسەن، دېگەنىدى.

**19:30** قان. 26:4

20:30 **«چۈنكى ئۇ ئۆزى سېنىڭ ھاياتىڭ ۋە ئۆمرۈڭنىڭ ئۇزۇنلۇقىدۇر»** — مۇشۇ يەردە «ئۇ» دېگەنىنىڭ باشقا بىرخىل چۈشەنچىسى «بۇ ئىش» (يەنى، خۇدانىڭ ئەمرلىرىنى تۇتۇش).

2:31 **«سىلەرگە سەردار ياكى باشلىغۇچى بولالمايمەن»** — مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا «سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا چىقىپ-كىرىپ يۈرەلمەيمەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**2:31** چۆل. 12:27؛ قان. 26:3

3لېكىن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۆزى سىلەرنى يېتەكلەپ دەريادىن
ئۆتۈپ، بۇ ئەللەرنى ئالدىڭلاردا ۋەيران قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ
مال-مۈلكىنى ئىگىلەيسىلەر؛ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك، يەشۇئا
سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا باشلاپ دەريادىن ئۆتىدۇ. 4پەرۋەردىگار سىھون
بىلەن ئوگ دېگەن ئىككى ئاموريي پادىشاھى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى
ھالاك قىلغاندەك، ئۇ بۇ ئەللەرگىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. 5ئەمما پەرۋەردىگار
ئۇلارنى قولۇڭلارغا تاپشۇرغىنىدا، مەن سىلەرگە تاپىلىغان پۈتكۈل
ئەمر بويىچە ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىسىلەر. 6جۈرئەتلىك ۋە قەيسەر
بولۇڭلار، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىترىمەڭلار، ئۇلاردىن ھېچ قورقماڭلار؛
چۈنكى سىلەر بىلەن بىرگە بارغۇچى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۆزىدۇر؛
ئۇ سىلەردىن ۋاز كەچمەيدۇ، سىلەرنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ!».
7ئاندىن مۇسا يەشۇئانى چاقىرىپ پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ كۆز ئالدىدا
ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ: «سەن جۈرئەتلىك ۋە قەيسەر بولغىن؛ چۈنكى بۇ
خەلق پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا قەسەم قىلىپ بېرىشكە
ۋەدە قىلغان زېمىنغا كىرگەندە سەن ئۇلار بىلەن بىللە بېرىشىڭ
كېرەك؛ سەن ئۇلارغا ئۇنى ئىگىلىتىپ مىراس قىلدۇرىسەن. 8مانا،
سېنىڭ ئالدىڭدا ماڭغۇچى پەرۋەردىگار ئۆزىدۇر؛ ئۇ سەن بىلەن بىللە
بولۇپ سەندىن ۋاز كەچمەيدۇ، سېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ! سەن
قورقمىغىن، پاراكەندە بولما!» ــ دېدى.

## مۇسانىڭ ئەھدىنامە يېزىپ تاپشۇرۇشى

9مۇسا بۇ قانۇننى يېزىپ بولۇپ، ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى كۆتۈرىدىغان لاۋىينىڭ ئەۋلادى بولغان كاھىنلار بىلەن

3:31 چۆل. 18:27
4:31 چۆل. 33،24:21
5:31 قان. 1:7، 2
6:31 يە. 5:1؛ ئىبر. 5:13
8:31 يە. 9:1

ئىسرائىلنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. [10]مۇسا ئۇلارغا مۇنداق بۇيرۇدى: ــ

«ھەر يەتتە يىلنىڭ ئاخىرقى يىلىدا، يەنى «خالاس يىلى» دەپ بېكىتىلگەن ۋاقىتتا، «كەپىلەر ھېيتى» باشلانغاندا، [11]ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى كېلىپ پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ھۇزۇرىدا جەم بولۇش ئۈچۈن ئۇ تاللايدىغان جايغا يىغىلغاندا، ئۇنى ئاڭلىسۇن دەپ پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا بۇ قانۇننى ئوقۇپ بېرىسەن. [12]شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ چاغدا بارلىق خەلقنى، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، بالا بولسۇن، قوۋۇقلىرىڭنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مۇساپىر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلاپ، ئۆگىنىپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردىن قورقۇپ، بۇ قانۇننىڭ بارلىق سۆزلىرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسۇن، دەپ ئۇلارنى يىغقىن. [13]شۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ قانۇننى تونۇمىغان باللىرىمۇ ئۇنى ئاڭلاپ ئۆگىنىپ، سىلەر ئىگىلەشكە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ بارىدىغان زېمىندا ياشىغان بارلىق كۈنلىرىدە پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردىن قورقىدىغان بولىدۇ».

## مۇسا يەشۇئاغا ئۆز ۋەزىپىسى توغرۇلۇق بۇيرۇيدۇ

[14]ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ: «مانا سېنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىڭ يېقىنلىشىپ قالدى. ئەمدى يەشۇئانى چاقىرغىن، ئىككىڭلار جامائەت چېدىرىغا بېرىپ شۇ يەردە ھازىر بولۇڭلار. مەن ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرىمەن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىلەن يەشۇئا ئىككىسى بېرىپ، جامائەت چېدىرىدا ھازىر بولدى. [15]پەرۋەردىگار بۇلۇت تۈۋرۈكىنىڭ ئىچىدە كۆرۈندى؛ بۇلۇت تۈۋرۈكى چېدىرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە توختىدى.

---

**11:31** ئەزرا 8:10؛ نەھ. 8:1،2،3،8

**12:31** **«... قوۋۇقلىرىڭنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مۇساپىر»** ــ دېمەك، «سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان مۇساپىر». «سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان» ئىبرانيي تىلىدا ئادەتتە «قوۋۇقلىرىڭلار ئىچىدە تۇرۇۋاتقان» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

[16]پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: «مانا، سەن ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ قېشىدا ئۇخلاش ئالدىدا تۇرىسەن؛ ئاندىن بۇ خەلق قوزغىلىپ، بارىدىغان زېمىندىكى يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ بۇزۇقچىلىق قىلىپ، مېنى تاشلاپ، مەن ئۇلار بىلەن باغلىغان ئەھدىنى بۇزىدۇ. [17] شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ غەزىپىم ئۇلارغا تۇتىشىپ، مەن ئۇلارنىمۇ تاشلاپ، ئۇلاردىن يۈزۈمنى يوشۇرىمەن. ئۇلار يۇتۇۋېتىلىدۇ، كۆپ بالايىئاپەت ۋە كۈلپەتلەر بېشىغا چۈشىدۇ ۋە ئۇلار شۇ ۋاقىتتا: «شۈبھىسىزكى، خۇدايىمىز ئارىمىزدا بولمىغىنى ئۈچۈن، بۇ بالالار بېشىمىزغا چۈشتى» ــ دەيدۇ. [18] لېكىن مەن ئۇلارنىڭ باشقا ئىلاھلارغا مايىل بولۇپ ئەگىشىپ، قىلغان ھەممە رەزىللىكلىرى ئۈچۈن شۇ كۈنى يۈزۈمنى پۈتۈنلەي يوشۇرىمەن.

[19]ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بۇ غەزەلنى پۈتۈپ، ئۇنى ئىسرائىللارغا ئۆگىتىڭلار؛ بۇ غەزەلنىڭ كېيىن ئىسرائىللارنىڭ ئەيىبىگە مەن ئۈچۈن گۇۋاھچى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سالغىن. [20]چۈنكى مەن ئۇلارنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان، سۈت بىلەن ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان يۇرتقا كىرگۈزىمەن؛ ئاندىن ئۇلار يەپ تويۇپ، سەمرىگەندە باشقا ئىلاھلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرىدۇ ۋە مېنى كۆزگە ئىلماي ئەھدەمنى بۇزىدۇ. [21]ئەمما شۇنداق بولىدۇكى، كۆپ بالايىئاپەتلەر بىلەن كۈلپەتلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكىنىدە، بۇ غەزەل ئۇلارنى ئەيىبلەپ گۇۋاھ بېرىدۇ؛ چۈنكى بۇ غەزەل ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاغزىدا ئۇنتۇلمايدۇ. چۈنكى مەن ئۇلارنى ئۇلارغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان زېمىنغا تېخى كىرگۈزمەيلا ئۇلارنىڭ نېمە خىيال قىلىۋاتقىنىنى ئوبدان بىلىمەن».

---

16:31 **«بۇزۇقچىلىق قىلىش»** ــ مۇشۇ يەردە خۇداغا ۋاپاسىزلىق ياكى ئاسىيلىق قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. قانائاندىكى ئەللەر ئارىسىدا «بۇزۇقچىلىق» روھىي جەھەتتە بولۇپلا قالماي، جىسمانىي جەھەتتىمۇ بۇتپەرەسلىككە مۇناسىۋەتلىك جىنسىي بۇزۇقچىلىق مەۋجۇت ئىدى.

17:31 **«شۇ ۋاقىتتا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شۇ كۈنى».

[22]شۇلارنى دەپ، مۇسا شۇ كۈنى بۇ غەزەلنى يېزىپ، ئىسرائىللارغا
ئۆگەتتى. [23]ئاندىن پەرۋەردىگار نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئاغا: «جۈرئەتلىك
ۋە قەيسەر بولغىن، چۈنكى سەن مەن ئىسرائىللارغا قەسەم بىلەن ۋەدە
قىلغان زېمىنغا ئۇلارنى باشلاپ كىرىسەن ۋە مەن سەن بىلەن بىللە
بولىمەن» دەپ ئەمر قىلدى.
[24]مۇسا بۇ قانۇننىڭ سۆزلىرىنى بىر كىتابقا پۈتۈنلەي يېزىپ بولغاندىن
كېيىن [25]ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان لاۋىيلارغا
بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: [26]ــ بۇ قانۇن كىتابىنى سىلەرنىڭ ئەيىبىڭلەرگە
گۇۋاھچى بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنىڭ يېنىغا قويۇڭلار. [27]چۈنكى مەن سىلەرنىڭ ئاسىي ۋە
بويىنۇڭلار قاتتىق ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىمەن. مانا، مەن تېخى ئاراڭلاردا
تىرىك تۇرسام پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىپ كەلدىڭلار؛ ئۆلۈمۈمدىن
كېيىن سىلەر تېخىمۇ شۇنداق قىلىسىلەر!
[28]مەن ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىتىشىم
ئۈچۈن، شۇنداقلا يەر بىلەن ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئەيىبىگە گۇۋاھچى
بولۇشقا چاقىرىشىم ئۈچۈن ئەمدى مېنىڭ ئالدىمغا قەبىلىلىرىڭلارنىڭ
ھەممە ئاقساقاللىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنى يىغىڭلار. [29]چۈنكى
ئۆلۈمۈمدىن كېيىن سىلەرنىڭ تۈپتىن بۇزۇلۇپ، مەن سىلەرگە ئەمر
قىلغان يولدىن چەتنەپ كېتىدىغىنىڭلارنى بىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن
كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا كۆلپەتلەر بېشىڭلارغا چۈشىدۇ؛ چۈنكى سىلەر
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ، قوللىرىڭلارنىڭ
ئىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغايسىلەر».
[30]ئاندىن مۇسا ئىسرائىللارنىڭ پۈتكۈل جامائىتى ئالدىدا بۇ غەزەلنىڭ
تېكىستىنى باشتىن-ئاخىرغىچە ئوقۇپ بەردى: ــ

---

**31:23** يە. 1:6

**31:26** 2پاد. 22:8

31:29 **«كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا»** ــ ئاخىرقى زاماننى كۆرسەتسە كېرەك.

31:30 **«پۈتكۈل جامائىتى ئالدىدا»** ــ ئىبرانىي تىلدا «...پۈتكۈل جامائىتىنىڭ قۇلاقلىرى

## ئەھدە شەرتلىرىگە گۇۋاھچىلارنى چاقىرىش ـ مۇسانىڭ غەزىلى

32

[1] «قۇلاق سېلىڭلار، ئەي ئاسمانلار، مەن سۆزلەي؛
ئاغزىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلا، ئى يەر-زېمىن!
[2] تەلىمىم بولسا يامغۇردەك ياغىدۇ،
سۆزلىرىم شەبنەمدەك تامىدۇ،
يۇمران ئوت-چۆپ ئۈستىگە چۈشكەن سىم-سىم يامغۇردەك،
كۆكىرارلىقنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن خاسىيەتلىك يامغۇردەك بولىدۇ.
[3] چۈنكى مەن پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى بايان قىلىمەن؛ ئەمدى خۇدايىمىزنى ئۇلۇغ دەپ جاكارلاڭلار!
[4] ئۇ قورام تاشتۇر، ئۇنىڭ ئەمەللىرى مۇكەممەلدۇر؛
ئۇنىڭ بارلىق يوللىرى ھەققانىيدۇر.
ئۇ ناھەقلىقى يوق، ۋاپادار بىر خۇدا،
ئادىل ۋە دىيانەتلىكتۇر.
[5] ئەمما ئۆز خەلقى ئۇنىڭغا بۇزۇقلۇق قىلدى؛
ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇنىڭ ئۆز بالىلىرىنىڭكىدەك بولمىدى ـ مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەيىبىدۇر!
ئۇلار ئەگرى ۋە ئىپلاس بىر نەسىلدۇر!
[6] ئەي ئەخمەق ۋە نادان خەلق،
پەرۋەردىگارنىڭ ياخشىلىقىنى شۇنداق ياندۇرامسەن؟
ئۇ سېنى بەدەل تۆلەپ ھۆر قىلغان ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟
ئۇ سېنى يارىتىپ، سېنى تىكلىگەن ئەمەسمۇ؟
[7] ئۆتكەن كۈنلەرنى ئېسىڭگە ئالغىن،
دەۋردىن-دەۋرگىچە ئۆتكەن يىللارنى ئويلىغىن؛
ئاتاڭدىن سورا، ئۇ ساڭا دەپ بېرىدۇ؛
ئاقساقاللىرىڭغا سوئال قويغىن، ئۇلار سېنى خەۋەرلەندۈرىدۇ.
[8] ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى ئەللەرنىڭ ئۇلارغا ئۇلۇشىنى ئۇلەشتۈرگەندە،

ئىچىگە....».

ئادەمئاتىنىڭ پەرزەنتلىرىنى بىر-بىرىدىن بۆلگىنىدە،
ئۇ خەلقلەرنىڭ چېگرىلىرىنى ئىسرائىل بالىلىرىنىڭ سانىغا قاراپ بېكىتكەن.
9 چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نېسىۋىسى بولسا ئۇنىڭغا خاس بولغان خەلقىدۇر؛
ياقۇپ خۇددى چەك تاشلىنىپ چىققاندەك، ئۇنىڭ مىراسىدۇر.
10 ئۇ ئۇنى چۆل بىر زېمىندا،
شامال ھۇۋلايدىغان دەھشەتلىك بىر باياۋاندا ئۇنى تاپتى؛
ئۇنى ئوراپ ئەتراپىدا قوغداپ تۇردى،
ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ساقلىدى؛
11 خۇددى بۈركۈت ئۆز چاڭگىسىنى تەۋرىتىپ،
بالىلىرىنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ،
قاناتلىرىنى يېيىپ ئۇلارنى پەيلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرگىنىدەك،
12 پەرۋەردىگارمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق يالغۇز يېتەكچىلىك قىلدى؛
ھېچقانداق يات ئىلاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمەس ئىدى.
13 ئۇ ئۇنى يەر يۈزىنىڭ ئېگىز جايلىرىغا مىندۈردى،
ۋە ئۇ ئېتىزلىقنىڭ مەھسۇلاتىدىن يېدى،
ئۇ ئۇنىڭغا قىيا تاشتىن ھەسەل شورىتىپ،
چاقماق تېشىدىن زەيتۇن مېيى شوراتتى؛

---

8:32 **«ئۇ خەلقلەرنىڭ چېگرىلىرىنى ئىسرائىل بالىلىرىنىڭ سانىغا قاراپ بېكىتكەن»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «ئۇ خەلقلەرنىڭ چېگرالىرىنى خۇدانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ سانىغا قاراپ بېكىتكەندى» دېيىلىدۇ.

9:32 **«ياقۇپ»** — مۇشۇ يەردە ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ.

10:32 **«ئۇنى ئوراپ ئەتراپىدا قوغداپ تۇردى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ ئۇنى قوغداپ يۈرۈپ ئۇنى تەربىيىلىدى».

**10:32** يار. 2:1

**11:32** يار. 2:1، مات. 37:23

**13:32** قان. 33:26؛ يەش. 14:58

14ساڭا كالا قايمىقى بىلەن قوي سۈتىنى ئىچكۈزۈپ،
قوزىلارنىڭ يېغىنى،
باشاندىكى قوچقارلار ۋە تېكىلەرنىڭ گۆشىنى يېگۈزۈپ،
ئېسىل بۇغداينىڭ ئېسىل دانلىرىدىن يېگۈزدى،
سەن بولساڭ ئۈزۈم قېنى بولغان ساپ شارابنى ئىچتىڭ.
15لېكىن يەشۇرۇن سەمرىپ تەپكەك بولۇپ قالدى؛
بەرھەق، سەن سەمرىپ كەتتىڭ،
بوردىلىپ كەتتىڭ،
تويۇنۇپ كەتتىڭ!
ئۇ ئۆزىنى ياراتقان تەڭرىنى تاشلاپ،
ئۆز نىجاتىنىڭ قورام تېشىنى كۆزگە ئىلمىدى.
16ئۇلار بولسا يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقغا بولغان ھەسىتىنى قوزغىدى،
يىرگىنچلىك ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى.
17ئۇلار ئىگە-تەڭرىسى ئەمەس جىنلارغا،
ئۆزى بىلمەيدىغان ئىلاھلارغا،
ئاتا-بوۋىلىرىمۇ قورقمايدىغان،
يېڭى پەيدا بولۇپ قالغان ئىلاھلارغا قۇربانلىق قىلدى.
18سەن ئۆزۈڭنى تۆرەلدۈرگەن قورام تاشنى كۆڭلۈڭدىن چىقاردىڭ،
سېنى ئاپىرىدە قىلغان تەڭرىنى ئۇنتۇدۇڭ.
19پەرۋەردىگار بۇنى كۆرۈپ،
ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنىدىن، ئۇلاردىن بىزار بولۇپ مۇنداق دېدى: ــ
20«مەن ئۇلاردىن يۈزۈمنى يوشۇرىمەن،
ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ باقاي؛
چۈنكى ئۇلار ئىپلاس بىر نەسىلدۇر،

15:32 **«يەشۇرۇن»** ــ ئىسرائىلنىڭ يەنە بىر ئىسمى ــ مەنىسى «تىك تۇرىدىغان»، «دۇرۇس» دېگەنلىك.

قەلبىدە ۋاپادارلىقى يوق بالىلاردۇر.
[21]ئىگە-تەڭرىسى ئەمەسلەر بىلەن ھەسەتتىمنى كەلتۈردى،
ئەرزىمەس مەبۇدلىرى بىلەن قەھرىمنى قوزغىدى؛
شۇڭا «ھېچ خەلق ئەمەس» بولغان بىر خەلق ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەسىتىنى قوزغايمەن،
نادان بىر ئەل ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىمەن.
[22]چۈنكى مېنىڭ غەزىپىمدىن بىر ئوت تۇتاشتى؛
ئۇ تەھتىسارانىڭ تېگىگىچە كۆيۈپ بارىدۇ،
ئۇ يەر بىلەن ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى يەپ كېتىدۇ،
ۋە تاغلارنىڭ ئۇللىرىنىمۇ تۇتاشتۇرىدۇ.
[23]مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بالايىئاپەتلەرنى دۆۋىلەيمەن؛
يا-ئوقلىرىمنى بىرنى قويماي ئۇلارغا ئاتىمەن.
[24]ئۇلار ئاچارچىلىقتىن يېگىلەپ كېتىدۇ،
تومۇز ئىسسىق ۋە ۋابانىڭ نەشتەرلىرى تەرىپىدىن يەپ كېتىلىدۇ؛
ئۇلارغا قارشى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ چىشلىرىنى،
توپىدا ئۆمىلىگۈچىلەرنىڭ زەھىرىنى ئەۋەتىمەن.
[25]تاشقىرىدا قىلىچ ئۇلارنى مۇسىبەتكە سالىدۇ،
ئىچكىرىدە ۋەھىمە باسىدۇ؛
ئۇ يىگىت بىلەن قىزنى،
ئەمچەكتىكى بالا بىلەن ئاق چاچلىقنى ھەممىسىنى يوقىتىدۇ.
[26]مەن: «ئۇلارنى چېپىۋېتىمەن،
ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ نامىنى ئۆچۈرىمەن» ــ دەيتتىم،
[27]بىراق دۈشمەنىنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقتۇم؛

**21:32 «شۇڭا «ھېچ خەلق ئەمەس» بولغان بىر خەلق ئارقىلىق... نادان بىر ئەل ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىمەن»** ــ ئۇ ئۇلۇغ بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى توغرۇلۇق «ھوش.» 9:1، 23:2، «رىم.» 19:10نى كۆرۈڭ.

**21:32** رىم. 19:10

**22:32** يەر. 14:15

**26:32 «ئۇلارنى چېپىۋېتىمەن»** ــ ياكى «ئۇلارنى تارقىتىمەن»، «ئۇلارنى چېچىۋېتىمەن».

ئىسرائىلنىڭ رەقىبلىرى بۇ ئىشنى خاتا چۈشىنىپ: ــ
بۇ ئىش بىزنىڭ قولىمىزنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بولغان بولسا كېرەك،
پەرۋەردىگار بۇنى ھېچ قىلمىدى» دېمىسۇن دەپ، بۇ ئىشنى قىلمىدىم.
[28]ئىسرائىل نەسىھەتتىن مەھرۇم بولغان بىر ئەل،
ئۇلارنىڭ ھېچ ئەقىل-پەمى يوقتۇر.
[29]ئاھ، ئۇلار دانا بولسىدى!
شۇنداق بولسا بۇنى چۈشىنىپ،
ئۆز ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغىنىنى ئويلايتتى!
[30]ئەگەر ئۇلارنىڭ قورام تېشى ئۇلارنى سېتىۋەتمىگەن بولسا،
پەرۋەردىگار ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە تاشلاپ بەرمىگەن بولسا،
بىر كىشى قانداقمۇ مىڭ كىشىنى ئۆز ئالدىدىن ھەيدىيەلەيتتى؟،
ئىككى كىشى قانداقمۇ ئون مىڭ كىشىنى قاچۇرالايتتى؟
[31]چۈنكى باشقىلارنىڭ قورام تېشى بولسا بىزنىڭ قورام تېشىمىزدەك ئەمەستۇر.
بۇنىڭغا دۈشمەنلىرىمىز ئۆزلىرى گۇۋاھلىق بەرسۇن!
[32]چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۈزۈم تېلى سودومنىڭ ئۈزۈم تېلىدىن،
گوموررانىڭ ئېتىزلىقلىرىدىن چىققاندۇر؛
ئۈزۈملىرى زەھەرلىك ئۈزۈملەردۇر،
ئۇلارنىڭ ھەربىر ساپىقى ئاچچىقتۇر،
[33]شارابى بولسا ئەجدىھالارنىڭ زەھىرىدۇر،
كوبرالارنىڭ ئەجەللىك زەھىرىدۇر.
[34]پەرۋەردىگار: «بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭكىدە ساقلاقلىق ئەمەسمۇ؟
ئۆز خەزىنىلىرىمدە مۆھۈرلەنگەن ئەمەسمۇ؟
[35]ئىنتىقام مېنىڭكىدۇر، يامانلىقنى قايتۇرۇشمۇ شۇنداق،
بۇلار ئۇلار پۇتلىشىدىغان ۋاقىتقىچە ساقلاقلىق تۇرىدۇ،
چۈنكى ئۇلارنىڭ بالايىئاپەتلىك كۈنى يېقىنلاشماقتا،

ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان ئىشلار بولسا تېز كېلىۋاتىدۇ.
[36]چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ كۈچى تۈگەپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ
ئازىيىپ، ھەتتا ئاجىز ياكى مېيىپلەرنىڭمۇ قالمىغىنىنى كۆرگەندە،
ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ،
ئۆز بەندىلىرىگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىدۇ.
[37]ئۇ ۋاقىتتا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قېنى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى؟
ئۆزىگە تايانچ قىلغان قورام تېشى ئەمدى قەيەردىدۇر؟
[38]ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن قۇربانلىقلىرىنىڭ يېغىنى يېگەن،
ئۇلارنىڭ شاراب ھەدىيەلىرىدىكى شارابىنى ئىچكەنلەر قەيەرگە كەتتى؟
ئەمدى ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ سىلەرگە ياردەم بېرىپ، پاناھىڭلار بولسۇن!
[39]ئەمدى مەن ئۆزۈم، پەقەت مەنلا «شۇ»دۇرمەن،
ماڭا ھەمراھ ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بىلىڭلار.
مەن ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرىمەن،

---

32:35 «... بۇلار ئۇلار پۇتلىشىدىغان ۋاقىتقىچە ساقلاقلىق تۇرىدۇ» — بىزنىڭچە مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۇلار» ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار «خۇدانىڭ دۈشمەنلىرى (يات ئەللەر)نى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارايدۇ. لېكىن خۇدا ئىنتىقاملىرى بىلەن ئاخىردا ئىسرائىلنىڭ ئەڭ ئاجىز پەيتىدە ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ («يەر.» -30بابنى، ئۇشبۇ بابتىكى -36، 42-ئايەتنى كۆرۈڭ).

32:35 رىم. 19:12؛ ئىبر. 30:10؛ 1پېت. 23:2

32:36 «... ئۇلارنىڭ ئازىيىپ، ھەتتا ئاجىز ياكى مېيىپلەرنىڭمۇ قالمىغىنىنى كۆرگەندە» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ياكى كىچىك ياكى چوڭ بولسا، ئۇلارنىڭ ئازىيىپ ھېچكىمنىڭ قالمىغىنىنى كۆرگەندە،...». «ئۆز خەلقى ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ» — ئۆز ئىچىگە ئىككى تەرەپنى ئېلىشى كېرەك: (1) خۇدانىڭ خەلقى ئۇنىڭ تەربىيە جازالىرىنى كۆرگەندىن كېيىن گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىپ، ئۇنىڭ كەچۈرۈمىگە مۇيەسسەر بولىدۇ؛ (2) خۇدا ئۆز خەلقىگە رەزىللىك قىلغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ قىلغان رەزىللىكىنى ئۆزىگە ياندۇرىدۇ. «ئۆز بەندىلىرىگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىدۇ» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۆز بەندىلىرى توغرۇلۇق نىيىتىدىن يېنىدۇ».

32:36 قان. 36:32؛ ئىبر. 10:30

32:38 «ئەمدى ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ سىلەرگە ياردەم بېرىپ، پاناھىڭلار بولسۇن!» — خۇدا مۇشۇ يەردە ئىسرائىل ئەسلىدە تايانغان بۇتلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

زەخىملەندۇرۇپ ساقايتىمەن؛
ۋە ھېچكىم مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالمايدۇ.
[40] چۈنكى مەن قولۇمنى ئاسمانلارغا كۆتۈرۈپ: ــ
«ئەبەدگىچە ھاياتتۇرمەن» دەپ ئېيتىپ،
[41] چاقناپ تۇرىدىغان قىلىچىمنى ئىتتىك قىلىمەن،
مېنىڭ قولۇم ئادالەتنى قورال قىلىپ تۇتىدۇ،
دۈشمەنلىرىمدىن ئىنتىقام ئالىمەن،
مەندىن نەپرەتلەنگۈچىلەرنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇلارغا ياندۇرىمەن!
[42] مەن يا ئوقلىرىمنى قان ئىچكۈزۈپ مەست قىلىمەن،
مېنىڭ قىلىچىم گۆش يەيدۇ،
مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن ئەسىرلەرنىڭ قېنىنى،
دۈشمەننىڭ سەردارلىرىنىڭ باشلىرىنى يەپ-ئىچىدىغان قىلىمەن».
[43] «ئەي ئەللەر، ئۇنىڭ خەلقى بىلەن بىللە شادلىنىڭلار،
چۈنكى ئۇ ئۆز بەندىلىرىنىڭ قېنىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ،
ئۆز دۈشمەنلىرىگە قىساس ياندۇرىدۇ،
ئۆز زېمىنى بىلەن خەلقى ئۈچۈن كەچۈرۈم-كەفارەت كەلتۈرۈپ
بېرىدۇ».

## مۇسا غەزەلنى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ

[44] ئەمدى مۇسا بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا كېلىپ بۇ غەزەلنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى خەلقنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بەردى. [45] ئاندىن مۇسا بۇ

39:32 **«ماڭا ھەمراھ ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بىلىڭلار»** ــ ياكى «مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ بىلىڭلار».
**39:32** قان. 35:4؛ 1سام. 6:2؛ يەش. 22،18،5:45
**41:32** ئىبر. 27:10
**42:32** زەب. 7:12-13؛ 21:68-23؛ يەش. 6:34؛ ئەز. 9:21-11
**43:32** رىم. 10:15
44:32 **«نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «نۇننىڭ ئوغلى ھوشىيا» (ھوشىيا يەشۇئانىڭ باشقا بىرخىل ئاتىلىشى).

ھەممە سۆزلەرنى بارلىق ئىسرائىل ئالدىدا ئاخىرلاشتۇرۇپ [46]ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «مەن بۈگۈن ئوتتۇراڭلاردا سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ گۇۋاھلىق بەرگەن بۇ بارلىق سۆزلەرگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار؛ سىلەر بۇلارنى باللىرىڭلارغا تاپىلاپ: «بۇ قانۇننىڭ ھەممە سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل قويۇڭلار» دەپ بۇيرۇشۇڭلار كېرەك. [47]چۈنكى بۇ سۆز سىلەرگە مۇناسىۋەتسىز، قۇرۇق سۆز ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردۇر! سىلەر ئۇ زېمىننى ئىگىلەشكە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتىسىلەر؛ ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ زېمىندا بۇ سۆز ئارقىلىق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر» ــ دېدى.

## مۇسانىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق بۇيرۇقلار

[48]يەنە شۇ كۈنى پەرۋەردىگار مۇساغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ [49]سەن ئۇشبۇ ئاباريم تېغىغا، يەنى يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىدىكى، موئابنىڭ زېمىنىدىكى نېبو تېغىغا چىققىن ۋە شۇ يەردە مەن ئىسرائىللارغا ئۆز تەۋەلىكى بولۇش ئۈچۈن بېرىدىغان قانائان زېمىنىنى كۆرگىن. [50]ئاندىن ئاكاڭ ھارۇن ھور تېغىدا ئۆلۈپ ئۆز خەلقلىرىگە قوشۇلغاندەك، سەنمۇ چىقىدىغان شۇ تاغدا ئۆلۈپ خەلقلىرىڭگە قوشۇلغىن؛ [51]چۈنكى سىلەر زىن چۆلىدىكى مەرىباھ-قادەشنىڭ سۇلىرىنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئىككىڭلار ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدا ماڭا ۋاپاسىزلىق كۆرسىتىپ، ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدا مېنى «مۇقەددەس» دەپ ھۆرمەتلىمىدىڭلار. [52]شۇڭا سەن ئىسرائىللارغا بېرىدىغان شۇ زېمىننى ئۇدۇلۇڭدا كۆرىسەن، لېكىن ئۇنىڭغا كىرەلمەيسەن.

---

**49:32** چۆل. 12:27

**50:32** چۆل. 13:27؛ 38:33

## مۇسا پەيغەمبەر ئىسرائىلغا دۇئا قىلىپ بەخت تىلەيدۇ

33 [1] خۇدانىڭ ئادىمى بولغان مۇسانىڭ ئۆلۈمىدىن ئىلگىرى
ئىسرائىللارنى بەرىكەتلەشكە تىلىگەن بەخت-تىلەكلىرى
مۇنۇلار: —
[2] ئۇ مۇنداق دېدى: —
«پەرۋەردىگار ئۆزى سىناي تېغىدىن كېلىپ،
سېئىردىن چىقىپ ئىسرائىل ئۈستىگە پارلىدى؛
پاران تېغىدىن پەيدا بولۇپ چاقنىدى،
ئۇ تۈمەنلىگەن مۇقەددەسلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ كەلدى؛
ئۇنىڭ قولىدىن ئىسرائىلغا ئاتالغان ئوتلۇق بىر قانۇن چىقتى.
[3] دەرھەقىقەت، ئۇ خەلقنى سۆيىدۇ؛
سېنىڭ بارلىق مۇقەددەس بەندىلىرىڭ قولۇڭدىدۇر؛
ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئايىغىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ،
سۆزلىرىڭگە مۇيەسسەر بولىدۇ.
[4] مۇسا بىزگە بىر قانۇن بۇيرۇپ،
بۇنى ياقۇپنىڭ جامائىتىگە مىراس قىلىپ بەردى؛
[5] خەلقنىڭ سەردارلىرى جەم بولۇپ،
ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرى بىر يەرگە يىغىلغاندا،
ئۇ يەشۇرۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا پادىشاھ بولدى.

---

2:33 **«سېئىردىن ئىسرائىللار چىقىپ ئۈستىگە پارلىدى»** — «ئىسرائىللار» ئىبرانىي تىلدا: «ئۇلار». **«مۇقەددەسلەر»** — پەرىشتىلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. **«...ئىسرائىلغا ئاتالغان»** — ئىبرانىي تىلدا: «... ئۇلارغا ئاتالغان». **«.... ئۇلارغا ئاتالغان ئوتلۇق بىر قانۇن چىقتى»** — باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى: «...ئۇلارغا (ئىسرائىلغا) ئاتالغان ئوت يالقۇنلىرى چىقتى» ياكى «... ئۇلارغا (ئىسرائىلغا) يېتەكلىگۈچى ئوت يالقۇنلىرى چىقتى».

**2:33** ھاب. 3:2، 4

5:33 **«ئۇ يەشۇرۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا پادىشاھ بولدى»** — مۇشۇ جۈملىدىكى «ئۇ» مۇسانى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. بەزى ئالىملار خۇدانى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## مۇسانىڭ قەبىلىلەر ئۈچۈن تىلىگەن خەير-دۇئالىرى ۋە بەرگەن بېشارەتلىرى

6«رۇبەن بولسا، ئادەملىرى ئۆلۈپ كەتمەي، ھايات تۇرسۇن؛
ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاز بولمىسۇن».
7مۇسانىڭ يەھۇدا توغرىسىدا تىلىگەن بەختى مۇنداق: ــ
«يەھۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
ئۇنى ئۆز خەلقىگە قوبۇل قىلدۇرغايسەن؛
ئۇنىڭ قوللىرى ئۇلار ئۈچۈن كۈرەش قىلسۇن؛
ئەمدى ئۆزىنى ئەزگۈچىلەرگە قارشى تۇرۇشقا ئۇنىڭغا مەدەت بولغايسەن».
8ئۇ لاۋىي توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ــ
«سېنىڭ ئۇرىم ۋە تۇمىمىڭ تاشلىرىڭ سېنىڭ بۇ مۇقەددەس بەندەڭگە تاپشۇرۇلغان؛
سەن ئۇنى ماسساھدا سىنىدىڭ،
مەرىباھنىڭ سۇلىرىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن تالاشتىڭ.
9ئۇ ئۆز ئاتا-ئانىسى توغرىسىدا: «ئۇلارغا يۈز-خاتىرە قىلمايمەن»، دەپ ئېيتتى،
ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھېچ يۈزىنى قىلماي،
ئۆز بالىلىرىنىمۇ تونۇشنى خالىماي،

7:33 **«ئۇنى ئۆز خەلقىگە قوبۇل قىلدۇرغايسەن»** ــ ئىبرانىي تىلدا سۆزمۇسۆز «ئۇنى ئۆز خەلقىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزگەيسەن» دېيىلىدۇ. يەھۇدانىڭ كېيىنكى تارىخىغا قارىغاندا، بۇ بېشارەت مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يەھۇدانىڭ نەسلى بولغان داۋۇتنىڭ پادىشاھلىقى، ئەڭ مۇھىمى داۋۇتنىڭ نەسلى مەسىھ توغرۇلۇق بېشارەتلىك دۇئاسى بولۇشى كېرەك. **«ئۇنىڭ قوللىرى ئۇلار ئۈچۈن كۈرەش قىلسۇن»** ــ بۇنىڭدا «ئۇلار» «ئۆز خەلقى»نى كۆرسەتسە كېرەك. **«ئۇنىڭ قوللىرى ئۇلار ئۈچۈن كۈرەش قىلسۇن»** ــ بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ قوللىرى ئۆز ھاجىتىدىن چىقسۇن».
8:33 **«ئۇرىم ۋە تۇمىمىم»** ــ توغرۇلۇق «مىس.» 30:28نى كۆرۈڭ. خۇدا لاۋىيلارنى تاللىشىنىڭ بىر سەۋەبى «مىس.» 32:25-29دە كۆرۈلىدۇ؛ خۇدا ئۇنى ئۆز خىزمىتىدە بولۇشقا تاللىغاچقا، مۇشۇ يەردە خۇدا ئۇنى «مېنىڭ مۇقەددەس بەندەم» دەپ ئاتايدۇ. **«ماسساھ»** دېگەن جاينىڭ مەنىسى «سىناش» («مىس.» 7:17نى كۆرۈڭ). **«مەرىباھ»** ــ «مەرىباھ» دېگەن جاينىڭ مەنىسى «تالاش-تارتىش، كۈرەش» («چۆل.» 13:20 ۋە 24نى كۆرۈڭ).

بەلكى سىنىڭ سۆزۈڭگە ئەمەل قىلىپ، ئەھدەڭنى چىڭ تۇتتى.
[10]مانا، لاۋىيلار ياقۇپقا ھۆكۈملىرىڭنى ئۆگىتىدۇ،
ئۇلار ئىسرائىلغا قانۇنۇڭنى ئۆگىتىدۇ؛
ئۇلار دىمىغىڭغا خۇشبۇيىنى سۇنىدۇ،
قۇربانگاھىڭغا پۈتۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى كەلتۈرىدۇ.
[11]ئى پەرۋەردىگار، ئۇنىڭ تەئەللۇقاتىنى بەرىكەتلىگەيسەن،
ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ئەجرى سىنى خۇش قىلغۇدەك بولغاي،
ئۇنىڭغا قارشى چىققانلار ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەنلەر بولسا،
ئۇلارنى قوپالمىغۇدەك ھالدا بەللىرىنى سۇندۇرغايسەن!»
[12]ئۇ بىنيامىن توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ــ
«پەرۋەردىگارنىڭ سۆيگىنى بولسا،
ئۇ ئۇنىڭ يېنىدا بىخەتەر ماكان قىلىدۇ،
پەرۋەردىگار سايە بولۇپ پۈتۈن كۈن ئۇنى ساقلايدۇ،
ئۇ ئۇنى مۈرىسى ئوتتۇرىسىدا ماكانلاشتۇرىدۇ»
[13]يۈسۈپ توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دېدى: ــ
«ئۇنىڭ زېمىنى پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بەرىكەتلىك بولغاي!
ئاسمانلارنىڭ ئېسىل نېمەتلىرى بىلەن،
شەبنەم بىلەن، يەر تېگىدىكى نېمەتلىرى بىلەن،
[14]كۈندىن ھاسىل بولىدىغان ئېسىل مەھسۇلاتلىرى بىلەن،
ئايدىن ھاسىل بولىدىغان ئېسىل نېمەتلىرى بىلەن،
[15]قەدىمكى تاغلارنىڭ ئالىي نېمەتلىرى بىلەن،
مەڭگۈلۈك دۆڭلەرنىڭ ئېسىل نېمەتلىرى بىلەن،
[16]يەرنىڭ ئېسىل نېمەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا تولغان ھەممە مەۋجۇداتلىرى بىلەن،

---

9:33 **«ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھېچ يۈزىنى قىلماي، ...بەلكى سىنىڭ سۆزۈڭگە ئەمەل قىلىپ، ئەھدەڭنى چىڭ تۇتتى»** ــ كۆزدە تۇتۇلغان ۋەقەلەر «مىس.» 32:21-29دە خاتىرىلىنىدۇ.

13:33 **«يەر تېگى»** ــ بەلكىم يەر ئاستىدىكى سۇلارنى ياكى دېڭىز تەگلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**13:33** يار. 25:49

ئازغانلىقتا تۇرغۇچى زاتنىڭ شاپائىتى بىلەن بەرىكەتلەنسۇن!
بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇسۇپنىڭ بېشىغا،
يەنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغانىنىڭ چوققىسىغا چۈشسۇن.
[17]ئۇنىڭ ھەيۋىسى ئۆز بۇقىسىنىڭ تۇنجىسىدەكتۇر؛
ئۇنىڭ مۈڭگۈزلىرى ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزلىرىدەكتۇر،
ئۇلار بىلەن ئۇ ئەل-يۇرتلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە ئۇسىدۇ.
مانا ئەفرائىمنىڭ تۈمەنلىگەن ئادەملىرى،
ماناسسەھنىڭ مىڭلىغان ئادەملىرى شۇنداق بولىدۇ».
[18]زەبۇلۇن توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دېدى: ــ
«ئەي زەبۇلۇن، سەن چىققىنىڭدا شادلانغىن؛
ئەي سەن ئىسساكار، ئۆز چېدىرلىرىڭدا خۇش بولغىن!
[19]مانا ئۇلار خەلقلەرنى تاغقا چاقىرىدۇ،
شۇ يەردە ئۇلار ھەققانىيلىقنىڭ قۇربانلىقلىرىنى سۇنىدۇ،
چۈنكى ئۇلار دېڭىزدىكى مول دۆلەتلەرنى،
قۇمغا كۆمۈلگەن گۆھەرلەرنى سۈمۈرۈپ ئۇلارغا مۇيەسسەر بولىدۇ».
[20]گاد توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دېدى: ــ
«گادنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتكۈچىگە بەخت-بەرىكەت بولغاي؛
گاد بولسا چىشى شىردەك ئولتۇراقلاشتى؛

---

16:33 **«ئازغانلىقتا تۇرغۇچى زات»** ــ مۇشۇ زات پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىدۇر («مىس.» 2:3-6نى كۆرۈڭ).

**16:33** يار. 26:49

**17:33 «ئۇنىڭ ھەيۋىسى ئۆز بۇقىسىنىڭ تۇنجىسىدەكتۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ بۇقىسىنىڭ تۇنجىسى ئۇنىڭغا شەرەپ كەلتۈرسۇن». **«ئۇنىڭ مۈڭگۈزلىرى ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزلىرىدەكتۇر»** ــ ياۋا كالا بولسا نەسلى قۇرۇغان ئىنتايىن يوغان بىرخىل كالا ئىدى. **«...ماناسسەھنىڭ مىڭلىغان ئادەملىرى شۇنداق بولىدۇ»** ــ تولۇق ئايەتنىڭ مەنىسى: (1) بۇ ئىككى قەبىلە يۇسۇپنىڭ مۈڭگۈزلىرىدۇر؛ (2) يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەخت-بەرىكەتلەر يۇسۇپكە خاس بولۇپ، بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. بىز ئىككىنچى مەنىگە مايىلمىز.

**ئۇ بىلەك ھەم باش تېرىسىنى تىتما-تىتما قىلىۋېتىدۇ؛**
**[21]شۇ يەردە ئۇ ئەڭ ئېسىل نېسىۋىنى تاللىۋالدى؛**
**چۈنكى شۇ يەردىمۇ ئۇ ھۆكۈم بېكىتكۈچىنىڭ ئۈلۈشى بولغان جاي ساقلاقلىقتۇر؛**
**ئۇ خەلقنىڭ سەردارلىرى بىلەن كېلىپ،**
**ئىسرائىل بىلەن بىرگە پەرۋەردىگارنىڭ ئادالىتى بىلەن ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزدى».**
**[22]دان توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دېدى: ــ**
**«دان بولسا ياش بىر شىردۇر؛**
**ئۇ باشاندىن تاقلاپ ئۆتىدۇ».**
**[23]نافتالى توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دېدى: ــ**
**«ئەي نافتالى، ئىلتىپاتقا تويۇنغانسەن،**
**پەرۋەردىگار تەرىپىدىن كەلگەن بەخت-بەرىكەتكە تولۇپ،**
**مەغرىب بىلەن جەنۇبنى ئۆزۈڭگە مۈلۈك قىلىپ ئىگىلەيسەن».**
**[24]ئاشىر توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دېدى: ــ**
**«ئاشىر ئوغۇللار بىلەن بەرىكەتلىنىدۇ؛**
**ئۇ قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئىلتىپات كۆرسۇن؛**
**پۇتى مايغا چىلانسۇن.**
**[25]دەرۋازا بالداقلىرىڭ تۆمۈر بىلەن مىستىن بولىدۇ؛**

---

20:33 **«گاد بولسا چىشى شىردەك ئولتۇراقلاشتى»** ــ ياكى «گاد.... يېتىۋالدى». **«ئۇ بىلەك ھەم باش تېرىسىنى تىتما-تىتما قىلىۋېتىدۇ»** ــ بەلكىم گادنىڭ دۈشمىنىگە قاتتىق زەربە بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

21:33 **«ھۆكۈم بېكىتكۈچى»** ــ (1) قانۇن بەرگۈچى (مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى)نى؛ (2) قانائان زېمىنىنى بۆلۈپ تەقسىم قىلغۇچى (يەشۇئا پەيغەمبەر)نى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە مۇسا پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇ گادنىڭ يېرىدە خۇدا تەرىپىدىن دەپنە قىلىنغان.

22:33 **«ئۇ باشاندىن تاقلاپ ئۆتىدۇ»** ــ بۇ سۆزلەر بەلكىم «ھاك.» 18:27-28دە خاتىرىلەنگەن ۋەقەنى كۆرسىتىدىغان بېشارەت بولۇشى مۇمكىن.

24:33 **«ئاشىر.... پۇتى مايغا چىلانسۇن»** ــ كېيىن، ئاشىر تۇرغان جايدا كۆپ زەيتۇن مېيى ئىشلەپ چىقارغان.

كۈنلىرىڭ قانداق بولسا، كۈچ-قۇۋۋىتىڭمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق تەڭ بولىدۇ».
26«— ئەي يەشۇرۇن، تەڭرىڭدەك باشقا ھېچكىم يوقتۇر؛
ئۇ ساڭا ياردەمگە ئاسمانلار ئۈستىگە،
زور ھەيۋىسى بىلەن بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە مىنىپ كېلىدۇ.
27ئەزەلىي خۇدا سېنىڭ باشپاناھىڭدۇر،
ئاستىڭدا ئەبەدىي بىلەكلەر تۇرىدۇ.
ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدىن دۈشمەننى ھەيدەپ: —
«ئۇلارنى ھالاك قىلغىن!» دەپ ساڭا بۇيرۇيدۇ.
28شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئاشلىق بىلەن يېڭى شاراب مول بولغان بىر زېمىندا تۇرۇپ،
يالغۇز ئامان-ئېسەن ماكان تۇتىدۇ،
ياقۇپنىڭ بۇلىقى ئوخشاشلا ئامان-ئېسەن بولىدۇ؛
ئۇنىڭ ئاسمانلىرىمۇ شەبنەم تېمىتىپ تۇرىدۇ.
29بەختلىكسەن، ئى ئىسرائىل!
سەندەك پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى قۇتقۇزغان خەلقتىن يەنە كىم بار؟
ئۇ بولسا سېنىڭ مەدەتكار قالقىنىڭ، ھەيۋەتلىك قىلىچىڭدۇر!
سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ ساڭا زەئىپلىشىپ بويسۇنىدۇ؛
سەن ئۇلارنىڭ ئېگىز جايلىرىدا دەسسەپ ماڭىسەن».

---

33:25 **«دەرۋازا بالداقلىرىڭ»** — ياكى «ئايىغىڭنىڭ بوغقۇچلىرى».

33:26 **«ئەي يەشۇرۇن، تەڭرىڭدەك باشقا ھېچكىم يوقتۇر»** — ياكى «ئەي يەشۇرۇن، تەڭرىدەك باشقا ھېچكىم يوقتۇر».

**33:26** قان. 13:32؛ يەش. 14:58

**33:27** پەند. 23:8

33:28 **«ئىسرائىل ... مول بولغان بىر زېمىندا تۇرۇپ، يالغۇز ئامان-ئېسەن ماكان تۇتىدۇ»** — مۇشۇ جۈملىدىكى «يالغۇز» خۇدادىن باشقا ھېچقانداق پاناھ ياكى مۇھاپىزەت كېرەك بولمايدۇ، دېگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ.

—«ياقۇپنىڭ بۇلىقى»: — (1) ئىسرائىلنىڭ زېمىنىدىكى سۇ مەنبەلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ (2) خۇدا ئۇلارغا بۇلاقتەك روھىي ھاياتلىق مەنبەسى بولۇپ، ئۆزگەرمەي مەزمۇت تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىز ئىككىنچى مەنىسىگە مايىلمىز.

**33:28** يەر. 6:23؛ 16:33؛ زەب. 26:68

## مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈمى

34 [1] ئاندىن مۇسا موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدىن چىقىپ نىبو
تېغىنىڭ ئۈستىگە، يەنى يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى
پىسگاھ تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقتى. شۇ يەردە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا
پۈتكۈل زېمىننى كۆرسەتتى؛ گىلېئادتىن دانغىچە، [2] پۈتكۈل نافتالى
بىلەن ئەفرائىم ۋە ماناسسەھنىڭ زېمىنىنى، يەھۇدانىڭ پۈتكۈل
زېمىنى بىلەن قوشۇپ مەغرىبتىكى دېڭىزغىچە، [3] جەنۇبتىكى نەگەۋ
زېمىنىنى، «خورما شەھىرى» دەپ ئاتالغان يېرىخو ۋادىسىدىكى
تۈزلەڭلىكنى زوئار شەھىرىگە قەدەر، ھەممىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.
[4] ئاندىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ: «مەن قەسەم قىلىپ:
«بۇ زېمىننى سېنىڭ نەسلىڭگە بېرىمەن» دەپ ئىبراھىم، ئىسھاق
ۋە ياقۇپقا ۋەدە قىلغان زېمىن مانا مۇشۇدۇر. ئەمدى ساڭا ئۇنى ئۆز
كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈشكە نېسىپ قىلدىم، لېكىن سەن شۇ يەرگە ئۆتۈپ
كىرەلمەيسەن» دېدى.
[5] ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك، پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى مۇسا
شۇ يەردە، يەنى موئابنىڭ زېمىنىدا ۋاپات بولدى. [6] ئۇ ئۇنى موئابنىڭ
زېمىنىدىكى تاغ جىلغىسىدا، بەيت-پېئورنىڭ ئۇتتۇرىسىدا دەپنە
قىلدى؛ ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بۈگۈنگىچە
ھېچكىم بىلمەيدۇ.
[7] مۇسا ۋاپات بولغان ۋاقىتتا بىر يۈز يىگىرمە ياشقا كىرگەنىدى،
لېكىن كۆزلىرى ھېچ تورلاشمىغان ۋە ماغدۇرىدىن ھېچ كەتمىگەنىدى.
[8] ئىسرائىللار مۇسا ئۈچۈن موئابدىكى تۈزلەڭلىكتە ئوتتۇز كۈنگىچە
ماتەم تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغلايدىغان
كۈنلەر تۈگىگەنىدى.
[9] مۇسا قوللىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويغاچقا، نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا
دانالىق بەرگۈچى روھ بىلەن تولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار

**1:34** قان. 27:3

**4:34** يار. 7:12؛ 15:13؛ 18:15؛ 4:26؛ 13:28

ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.

[10]مۇسادىن كېيىن ئۇنىڭدەك پەرۋەردىگار بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلەشكەن ئىككىنچى بىر پەيغەمبەر ئىسرائىل ئىچىدە چىقمىدى؛ [11]پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنى مىسىر زېمىنىغا ئەۋەتىشى بىلەن ئۇ شۇ يەردە پىرەۋنگە، ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە پۈتكۈل زېمىنىدىكىلەر ئالدىدا كۆرسەتكەن ھەممە مۆجىزىلىك ئالامەت ۋە كارامەتلەرگە، [12]ئايان قىلىنغان شۇ بارلىق ئۇلۇغ قۇدرەتكە ۋە مۇسانىڭ پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرسەتكەن بارلىق دەھشەتلىك ھەيۋىسىگە تەڭ تۇرغۇدەك ھېچقانداق ئادەم چىقمىدى.

---

**9:34** چۆل. 18:27

12:34 **«... ئايان قىلىنغان شۇ بارلىق ئۇلۇغ قۇدرەتكە...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئايان قىلىنغان شۇ بارلىق ئۇلۇغ قۇدرەتلىك قولغا...».

# قوشۇمچە سۆز

## كەمبەغەللەر توغرۇلۇق

«ھالبۇكى، ئاراڭلاردا ھاجەتمەنلەر بولمايدۇ» (4:15)
خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بەرگەن شۇ ئاجايىب ۋەدىسى ئۇلارنىڭ خۇداغا بولغان ئىتائەتمەنلىكى بىلەن باغلىق، ئەلۋەتتە (5-ئايەت).
«پەقەت سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، مەن سىلەرگە بۈگۈن تاپىلىغان بۇ پۈتۈن ئەمرگە ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلسەڭلار شۇنداق بولىدۇ».
11-ئايەتتە خۇدا ئۇلارغا «ئەمەلىيەتتە، سىلەر ماڭا ئىتائەتمەن بولمايسىلەر» دەپ ئالدىن ئېيتىدۇ؛ شۇڭا، ئۇلار ئارىسىدا ھەردائىم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغان ھاجەتمەن خەلقلەر مەۋجۇت بولىدۇ.

## قىساس توغرۇلۇق: «كۆزگە كۆز، چىشقا چىش» دېگەن قانۇن بەلگىلىمە

ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتا ھەم ئىنجىلدا خۇدانىڭ: «سەن ئىنتىقام ئالمىغىن ۋە ئۆز خەلقىڭنىڭ نەسلىگە ھېچ ئاداۋەتمۇ ساقلىمىغىن، بەلكى قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن» («لاۋ.» 18:19، «رىم.» 19:12)، «ئىنتىقام مېنىڭكىدۇر» («قان.» 35:32) دېگەن باياناتلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىز يەنىلا: «كۆزگە كۆز، چىشقا چىش، قولغا قول، پۇتقا پۇت، كۆيۈككە كۆيۈك، زەخىمگە زەخىم، كۆككە كۆك تۆلەنسۇن» («مىس.» 24:21، «لاۋ.» 20:24، «قان.» 21:19) دېگەن ئەمرنى ئوقۇغىنىمىزدا سەل ھەيران قىلىشىمىز مۇمكىن. ھالبۇكى، ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ ئايەتلەرنى تەسپىلىرەك ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزى ئۆچۈن جەزمەنلەشتۈرەلەيدۇكى، «كۆزگە كۆز، چىشقا چىش» دېگەن بەلگىلىمە زىيان تارتقان كىشىنىڭ

قساس ئالدىغانلىقىغا باغلىق ئىش ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتتە تولۇق ئادالەت بولسۇن دەپ ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىشتۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ مۇساغا چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس قانۇنغا ئائىت پرىنسىپ بولۇپ، ئادەملەر ياكى پۈتكۈل ئائىلىلەر، قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر-بىرىدىن توختاۋسىز قساس ئالىدىغان، ئۇزۇن ۋاقىت سوزۇلىدىغان، بارغانسېرى ئەدەپ كېتىدىغان شۇ خىل دەھشەتلىك جېدەل-ئاداۋەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى يولدۇر.

ئىنجىل دەۋرىدە، رەببىمىز بۇ ئىش توغرۇلۇق تەلىم بەرگەندە، مۇقەددەس قانۇننىڭ ئادىل تەلەپلىرىدىن ھالقىپ، ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە: ھەممىلا ئادەملەرگە مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، ھەتتا دۈشمەنلىرىڭلارنىمۇ كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىڭلار دەپ ئۆگەتتىدۇ («مات.» 5:38-48).

## «قانائانىيلارنى يوقىتىڭلار» دېگەن ئەمر توغرۇلۇق

بۇ مۇھىم تېما ئۈستىدە «مىسىردىن چىقىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ

## «قانۇن شەرھى» 8:7 توغرۇلۇق

«پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرنى سۆيگىنى سەۋەبىدىن ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ئالدىدا بەرگەن قەسىمگە سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن پەرۋەردىگار سىلەرنى كۈچلۈك قول بىلەن قۇتقۇزۇپ، ھۆرلۈك بەدىلى تۆلەپ «قۇللۇق ماكانى»دىن، يەنى مىسىر پادىشاھى پىرەۋننىڭ قولىدىن چىقارغان»

ئۇقۇرمەنلەر تەۋراتنى ئوقۇغىنىدا «خۇدا بەدەل تۆلەپ ئۆز بەندىلىرىنى سېتىۋالدى»، «خۇدا ھۆرلۈك بەدىلى تۆلەپ خەلقىنى قۇتقۇزدى» «خۇدا ئۆز خەلقى ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ ئۇلارنى ئازاد قىلدى» دېگەندەك ئىبارىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار مۇقەددەس كىتابنىڭ مۇشۇ يېرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈلىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا مۇشۇ ئىبارە «پاداھ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ سۆز «قول بازىرىدىن سېتىۋېلىش» «گۆرۈ تۆلەپ ئازاد قىلىش» «رەنىگە

قويغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش» دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمدى يۇقىرىقى ئايەتتە خۇدا خەلقىنى مىسىردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن «ھۆرلۈك بەدىلى» تۆلىگەن بولسا، «بۇ بەدەل» ياكى «بۇ تۆلەم» كىمگە تۆلەنگەن؟ ــ دېگەن سوئال دەرھال كاللىمىزغا كېلىدۇ. خۇدا ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزغاندا پىرەۋنگە ھېچ تۆلەم تۆلىمىدى؛ ئەمەلىيەتتە ئىسرائىللار نەچچە يۈز يىل قۇللۇقتا بولغىنى ئۈچۈن پىرەۋن ئىسرائىلغا تۆلەم بەردى! بەزىلەر غەلىتە ئويدا بولۇپ، خۇدا خەلقىنى قۇتقۇزۇشقا ئىبلىسقا نېمىدۇر بىر تۆلەم تۆلىدى، دەپ قارايدۇ، لېكىن ھازىر تۆۋەندە كۆرىدىغىنىمىزدەك، بۇ كۆزقاراش پۈتۈنلەي خاتادۇر.

غەلىتە ئىش شۇكى، «تۆلەم كىمگە تۆلەنگەن؟» دېگەن سوئالغا بولغان جاۋاب تەۋراتتىن، «يەشايا» 53-باب ۋە «زەبۇر» 40-كۈيدىن باشقا ھېچ يېرىدە بىۋاستە كۆرۈلمەيدۇ. سوئالنىڭ تولۇق جاۋابى ئىنجىلدا تەمىنلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق «پاداھ» («بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزۇش») دېگەن سۆزنى ئىشلەتكىنىنىڭ ئۆزى كەلگۈسى ئىشلارنى كۆرسەتكەن بىرخىل بېشارەت ئىدى. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلار توغرۇلۇق ئويلىنىشىمىز كېرەك: ــ

(ئا) خۇدا مۇتلەق ھەققانىي بولغاچقا، ھېچقاچان گۇناھنى جازالىماي قويمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پاك-مۇقەددەس ماھىيىتىگە نامۇۋاپىق ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ. بۇنى سۈرەتلەش ئۈچۈن، ئۆز پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئەتراپلىق تۈرلۈك ئادىل قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان ھەققانىي بىر پادىشاھ توغرۇلۇق ئويلىنايلۇق. بەلگىلىمىلەر ئارىسىدا، بىرسى ئۇمۇمنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان يەتكۈزسە، زىياننى تۆلىگەندىن سىرت، جەرىمانە تۆلەش كېرەك، دېگەن بىر قانۇن ماددىسى بار دەيلى. بىر كۈنى پادىشاھ ئۆزى سوراق ئۇستىدە ئولتۇرغىنىدا، قەدىناس بىر دوستىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ. شۇ قەدىناس دوستى دەل شۇ گۇناھ بىلەن ئەيىبلىنىدۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ دوستى شۇ گۇناھنى ئۆز ئۇستىگە ئالىدۇ. ئەمما دوستى قولى قىسقىلىقىدىن تۆلەم ۋە جەرىمانىنى تاپشۇرالمايدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا قانۇننىڭ تەلىپى شۇكى، گۇناھكار زىندانغا سولىنىپ ئەمگەك بىلەن تۆلەمنى ۋە جەرىمانىنى تۆلىشى كېرەك. دوستى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان ئىنتايىن ئېغىركى، ئۇنى تۈمەن يىل ئىشلىسىمۇ، ئۇنى تۆلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زىنداندا ئۆمۈرۋايەت ياتىدۇ ۋە شۇ يەردە ئۆلىدۇ، ئائىلىسىدىكىلەر يار-يۆلەكسىز قالىدۇ.

پادىشاھ قانداق قىلار؟ ئۇنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن بولغاچقا، ئادالەتنى قويۇپ قويۇپ، ئۆز ئادىل قانۇن-بەلگىلىمىلىرىگە قارىماي، دوستىنى كەچۈرۈم قىلامدۇ، قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئۇنىڭ «ئادالىتى» توغرۇلۇق نېمە دېيىشىدۇ؟ «دەرۋەقە، ئارقا تىرىكى بارلار ئۈچۈن بىر قانۇن، باشقىلار ئۈچۈن بىر قانۇن!» دېيىشىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق ئەھۋال ھەممىمىزگە ئىنتايىن تونۇش. ئەگەر پادىشاھ ئادىل بولۇپ دوستى ئۈستىدىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ، شۇ ئېغىر تۆلەم-جەرىمانىنى قويغان بولسىچۇ؟ شۈبھىسىزكى، كۆپچىلىك پادىشاھنىڭ ھەتتا ئۆز دوستىغىمۇ ئادىللىقىنى يۈرگۈزگىنىنى كۆرۈپ، سوراقخانىنى ئىنتايىن سۈرلۈك بىر جىمجىتلىق باسىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ دوستى يۈزى تاتىرىپ، تىترىگەن ھالدا تۇرىدۇ، لېكىن ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم تولىمۇ ئادىلدۇر. ھالبۇكى، پادىشاھ شۇئان: «مەن ئۆزۈم بۇ تۆلەم ۋە جەرىمانىنى ئۆز خەزىنەمدىن چىقىرىپ تۆلەپ بېرىمەن» دەپ ئېلان قىلىدۇ. ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ؛ دېمەك، پادىشاھ ئادىل جازانى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن ھېلىقى كىشىگە رەھىمىنى كۆرسەتتى؛ بىز بۇنى «بەدەل تۆلەپ دوستىنى قۇتقۇزدى» دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەم ئادالەت ھەم رەھىم-شەپقەت قانائەتلەندۈرۈلدى. بۇنى زەبۇردىكى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن خۇلاسىلىسەك تولىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ: —

«ئۆزگەرمەس مۇھەببەت ۋە ھەقىقەت ئۆزئارا كۆرۈشتى؛
ھەققانىيەت ۋە ئامان-خاتىرجەملىك بىر-بىرىنى سۆيۈشتى»
(«زەب.» 10:85).

(ئە) مەسىھ كرېستكە مىخلانغىنىدا دەل مۇشۇ ئىشنى قىلدى. خۇدا ئۆزى مەسىھدە ئىنسانلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشقا بەدەل تۆلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسىتىدىغان بارلىق مېھىر-شەپقىتى ئۈچۈن ئۇل سالىدۇ. قايتىلايمىزكى، خۇدا ھەرگىز گۇناھتىن ئۆتۈپ «ھېچ ۋەقەسى يوق» دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تۆلىمىنى تۆلەش كېرەك، ۋە مەسىھ ئۆزى دەل شۇ مەقسەت بىلەن دۇنياغا كەلدى: —

«چۈنكى ئىنسانئوغلىمۇ دەرۋەقە شۇ يولدا كۆپچىلىك خىزمىتىمدە بولسۇن دېمەي، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىدە بولاي ۋە جېنىمنى پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى ھۆرلۈككە چىقىراي دەپ كەلدى» («مار.» 45:10)

باشقا بىر يەردىكى بىر بايانىي نەقىل كەلتۈرسەك: —

«بۇ «كالام» — يەنى مەسىھ، گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ئورنىدا ئەيىبلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنى كرېستكە (دارغا) مىخلىتىپ ئۆلۈشكە تۇتۇپ بەرگەن. ئۇ گۇناھسىز، مۇكەممەل ئادەم بولۇپ، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھەممە ئادەملەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدا خۇدانىڭ گۇناھ ئۈستىگە تۆكمەكچى بولغان غەزەپلىك جازالىرىنى قوبۇل قىلغان. گۇناھنىڭ جازاسى — خۇدادىن ئايرىلىشتۇر؛ شۇڭلاشقا ئۇنىڭ روھى خۇدادىن ئۈچ سائەتلىك ئايرىلغان. شۇ ئۈچ سائەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا: —

«ئەيسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ: «ئەلوھىي، ئەلوھىي! لەمە شەۋاقتانى؟» — دېدى. (مەنىسى: خۇدايىم، خۇدايىم! نېمىشقا مېنى تاشلىۋەتتىڭ؟)» («مات.» 46:27، «مار.» 24:15)

دېمەك ئۇ، دۇنيادىكى مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك دوزاخ ئازابلىرىنى (دوزاخ — خۇدادىن ئايرىۋېتىشتۇر) چەكلىك ۋاقىت ئىچىدىلا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، بارلىق بەدەلنى تۆلىۋەتكەن. خۇدا مانا مۇشۇ ۋاستىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ھەم ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنى قانائەتلەندۈرگەن ھەم ھەربىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىكىگە مەڭگۈلۈك ئېرىشەلەيدىغان قىلغان. خۇدا ئۆز كالامى بولغان مەسىھنىڭ مۇكەممەل قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلغان.

تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ بۇ ھەقىقەت كۆرستىلىدۇ: —

«خۇدا ئۇنى (مەسىھنى) گۇناھلارنىڭ جازاسىنى كۆتۈرگۈچى كافارەت قۇربانلىقى سۈپىتىدە تەيىنلىدى؛ ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ قۇربانلىق قېنىغا ئىشەنچ باغلىشى بىلەن قۇربانلىق ئىناۋەتلىكتۇر. خۇدا بۇ ئارقىلىق بۇرۇنقى زاماندىكىلەرنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ، جازالىماي ئۆتكۈزۈۋېتىشىنىڭ ئادىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش بۇ قۇربانلىق ئارقىلىق ئۇ ھازىرقى زاماندا بولغان ھەققانىيلىقىنىمۇ كۆرسەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ ھەم ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ھەم ئەيسانىڭ ئېتىقادىدا بولغۇچىنى ھەققانىي قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى» (رىم.» 3:25-26).

«گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلساق، (خۇدا) بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى

كەچۈرۈم قىلىپ، بىزنى بارلىق ھەققانىيسىزلىقتىن پاك قىلىشقا ئىشەنچلىك ھەم ئادىلدۇر» («1يۇھ.» 9:1)

شۇنىڭ بىلەن خۇدا ھەرقانداق ئادەمگە رەھىم-شەپقەت كۆرسەتكىنىدە، ئۆزىنىڭ «بەدەل تۆلىگىنى» ھەردائىم كۆز ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىبراھىمنىڭ نەسلى ئىسرائىلنى ئۆز خەلقى بولۇشقا چارقىرغاندىن كېيىن ئۇ بۇ ھەقىقەتنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇشقا باشلايدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئۇلارنى مىسىردىن قۇتقۇزغىنىدا: «مەن سىلەرنى بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزغاندىم» دەيدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ھەقىقەتنى ئۇلارغا سىڭدۈرۈپ ئۆگىتىش ئۈچۈن ھەر قېتىم «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دا ئىسرائىللار خۇدانىڭ قۇتقۇزۇشى (ئۇنىڭ ئۇلارنى جازالىماي ئۆتىدىن «ئۆتۈپ كېتىش»ى)نى ئەسلەپ تەبرىكلىگىنىدە ھەربىر ئائىلە ئۆزى ئۈچۈن بىر قوزىنى قۇربانلىق قىلىپ ئىستىمال قىلىشى كېرەكلىكىنى بېكىتكەن. ھەممىمىزگە ئايانكى، بۇ قوزا مەسىھنىڭ قۇربانلىقىنى كۆرسەتىدىغان بىر بېشارەتلىك سىمۋول ياكى سۈرەتتۇر («يۇھ.» 29:1، «1كور.» 7:5نى كۆرۈڭ).

تەرجىمىمىزدە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقىقەت ئۈستىدە ئويلىنىشى ئۈچۈن تەۋراتتىكى كۆپ يەرلەردە «پاداھ» دېگەن شۇ سۆزنى «بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزۇش» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

## «ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان ئۆتكۈر» بولغان ئۆشرە — ئۈچ خىل ئۆشرە

ئوقۇرمەن مەزكۇر كىتابنى ۋە شۇنداقلا تەۋراتتىكى «مۇقەددەس قانۇن»نىڭ باشقا قىسىملىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بەلكىم شۇنى بايقايدۇكى، خۇداغا تاپشۇرۇشى كېرەك بولغان «ئۆشرە» (ئوندىن بىرى)دىن ئۈچ خىلى باردۇر. بۇلارنى تەۋەندىكىدەك يىغىنچاقلىيالايمىز: —

(ئا) «ئومۇمىي ئۆشرە» — ھەر يىللىق بارلىق ھوسۇللاردىن ۋە (ئىگىسىدىن ئۆشرە ئېلىنغان ۋاقىتتا قول ئىلكىدە بولغان) بارلىق ماللاردىن ئوندىن بىرى («لاۋ.» 30:27-33، «چۆل.» 21:18-32، «قان.» 5:12-11). بۇ لاۋىيلارغا تاپشۇرۇلىدۇ، لاۋىيلارمۇ ئۇنىڭدىن يەنە «ئوندىن بىرى»نى كاھىنلارغا بېغىشلايدۇ.

(ئە) ھەر يىللىق ئاشلىق ۋە ھەرخىل دانلاردىن ئوندىن بىرى. ئۇنى «خۇدا ئۆز نامىنى قويغان جاي»غا ئېلىپ بېرىپ شۇ يەردە ئۆزلىرى ۋە لاۋىيلارنىڭ يەپ-ئىچىپ، ھېيتلارنى تەبرىكلىشىگە ئىشلىتىدۇ. بۇ ئۆشرىدىن يەرلىك لاۋىيلارغا بېرىشكىمۇ

بولاتتى ۋە شۇ ئۆشرىلەردىنمۇ بەلكىم مۇقەددەس ئۆيگە كېرەك بولغان كۆپ قۇربانلىقلار تەمىنلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى («قان.» 14:22-27).

(ب) ھەر ئۈچ يىلدا يۇقىرىقى «ئوندىن بىرى» («ئە»)نى ئايرىپ، يەرلىك لاۋىيلار، كەمبەغەللەر ۋە مېيىپلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا ئۆز يۇرت-شەھەرلىرى ئىچىدە توپلايتتى («قان.» 14:28-29).

بەزى ئالىملار بۇ ئۈچىنچى خىلدىكى (ھەر ئۈچىنچى يىلدا ئېلىنىدىغان) ئۆشرىنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئۆشرىدىن ئايرىم بىر ئۆشرە، دەپ قارايدۇ؛ بىز شۇنداق قارىمايمىز؛ ئۈچىنچى ئۆشرىنى پەقەت ئىككىنچى خىل ئۆشرىنىڭ ئۆزى شۇ، دەپ قارايمىز؛ بۇ ئىككىنچى خىلدىكى ئۆشرە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىلى ئىبادەت يولىدا ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئۈچىنچى يىلغا كەلگەندە، كەمبەغەللەر ۋە مېيىپلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، دەپ قارايمىز.

ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن «تەلىم بەرگۈچىلەر» جامائەتچىلىكلەرگە «كىرىمىڭلاردىن «ئوندىن بىرى (ئۆشرە)»نى «خۇدانىڭ ئادەملىرىگە» ئاتىشىڭلار كېرەك» دەپ بېكىتىپ، تەۋراتتىكى ئۆشرە تۈزۈمىنى ھازىرقى دەۋرگە سۆرەپ كېلىدۇ. ھەممىگە ئايان بولۇشى كېرەككى، ئىنجىل دەۋرگە كەلگەندە، ئىنجىلدا «ئۆشرە» توغرۇلۇق تەلىم زادى يوق. ئۇنىڭ ئورنىدا بىز بەلكىم بۇ ھەقىقەتلەرنى بايقايمىزكى: —

(ئا) بارلىق پۇلىمىز ۋە تەئەللۇقاتلىرىمىز (جۈملىدىن ۋاقىت، قابىلىيەتلەر ۋە تالانتلىرىمىز) ئەمەلىيەتتە بىزنىڭكى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ بىزگە مەسئۇلىيەتچان غوجىدار سۈپىتىدە ئىشلىتىشىمىزگە تاپشۇرغىنى، دەپ تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك؛

(ئە) شۇڭا بىز خۇدا بىزگە تاپشۇرغان بۇ بارلىق بايلىقىمىزنى، جۈملىدىن پۇلىمىزنى قانداق ئىشلىتىشىمىز كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئالاھىدە يوليورۇقنى خۇدانىڭ ئۆزىدىن ئىزدىشىمىز لازىمدۇر.

(ب) بارلىق خەير-ساخاۋەت ۋە خۇداغا بېغىشلاش ئىشلىرى تولۇق شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك: «ھەر ئادەم ھېچ قىينىلىپ قالماي ياكى مەجبۇرەن ئەمەس، بەلكى ئۆز كۆڭلىدە پۈككىنىچە

بەرسۇن؛ چۈنكى خۇدا خۇشاللىق بىلەن بەرگۈچىنى ياخشى كۆرىدۇ»
(«2كور.» 9:7). «قىينىلىپ بەرگەن»دىن بەرمىگەن ياخشى، چۈنكى ئۇنى
خۇدا قوبۇل قىلمايدۇ!

## 18-باب (15-19-ئايەت) كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ پەيغەمبەر

«پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سىلەر ئۈچۈن ئاراڭلاردىن، قېرىنداشلىرىڭلار
ئارىسىدىن ماڭا ئوخشايدىغان بىر پەيغەمبەر تۇرغۇزىدۇ؛ سىلەر ئۇنىڭغا
قۇلاق سېلىڭلار. بۇ سىلەر ھورەب تېغىدا يىغىلغان كۈندە پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلاردىن: «پەرۋەردىگار خۇدايىمنىڭ ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىمايلى،
بۇ دەھشەتلىك ئوتنى كۆرمەيلى، بولمىسا ئۆلۈپ كېتىمىز» دەپ تەلەپ
قىلغىنىڭلارغا پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ماڭا: «ئۇلارنىڭ
ماڭا دېگەن سۆزى ياخشى بولدى. مەن ئۇلارغا قېرىنداشلىرى ئارىسىدىن
ساڭا ئوخشايدىغان بىر پەيغەمبەرنى تۇرغۇزىمەن، مەن ئۆز سۆزلىرىمنى
ئۇنىڭ ئاغزىغا سالىمەن ۋە ئۇ مەن ئۇنىڭغا بارلىق تاپىلىغىنىمنى ئۇلارغا
سۆزلەيدۇ. ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ مېنىڭ نامىمدا دەيدىغان سۆزلىرىمگە
قۇلاق سالمايدىغان ھەرقانداق كىشى بولسا، مەن ئۇنىڭدىن ھېساب
ئالىمەن».

بۇ «ئۇلۇغ پەيغەمبەر» توغرىسىدىكى بېشارەتتىن شۇ ئىشنى ئېنىق ئىسپاتلايدىغان
بىرنەچچە نۇقتىلارنى بايقايمىز، «كەلگۈسىدىكى پەيغەمبەر» مەسىھدىن باشقا
ھېچكىم بولمايدۇ: ــ

(ئا) پەيغەمبەر «ئاراڭلاردىن، قېرىنداشلىرىڭ ئارىسىدىن» بولىدۇ ــ
دېمەك، ئۇ ئۆزى ئىبرانىيلار ئارىسىدا تۇغۇلۇشى ۋە ئۆزى ئىبرانىي بولۇشى مۇقەررەر.

(ب) كېلىدىغان شۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى خەلقنىڭ: «پەرۋەردىگار خۇدايىمنىڭ
ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىمايلى، بۇ دەھشەتلىك ئوتنى كۆرمەيلى، بولمىسا
ئۆلۈپ كېتىمىز!» دېگەن تەلىپىگە دەل خۇدادىن كەلگەن جاۋابى بولىدۇ.
خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئىچى ناپاك ئىنسانلار ئارىسىدا تولۇق ئايان قىلىنىشى

قەتئىي مۇمكىن ئەمەس؛ ئۇنى كۆرۈشنىڭ نەتىجىسى ئۆلۈمدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنداقتا خۇدا قانداق يول بىلەن ئۆزىنىڭ «ئىنسانلار مېنى تونۇسۇن، تولۇق بىلسۇن» دېگەن ئۇلۇغ مۇددىئا-مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؟ بىردىنبىر يول ئاۋۋال ئۆزىنى «ئىنسانلار يېقىنلاشقۇدەك قىياپەتتە» ئايان قىلسا ئاندىن مۇمكىن بولاتتى (ئاندىن يەنە ئىنسانىنىڭ قەلبىنى پاكلايدىغان نىجاتلىق بىلەن تەمىنلىشى بىلەن بولاتتى، ئەلۋەتتە!) مانا دەل شۇ ئىش مەسىھنىڭ ئۆزىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان: —

«كالام ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ماكانلاشتى ۋە بىز ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە قارىدۇق؛ ئۇ شان-شەرەپ بولسا، ئاتىنىڭ يېنىدىن كەلگەن، مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتكە تولغان بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنىڭكىدۇر... چۈنكى تەۋرات قانۇنى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەندى؛ لېكىن مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەت ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى. خۇدانى ھېچكىم كۆرۈپ باقان ئەمەس؛ بىراق ئاتىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغۇچى، يەنى ئۇنىڭ بىردىنبىر ئوغلى ئۇنى ئايان قىلدى» («يۇھ.» 1:14-17؛ يەنە مەسىلەن، «يۇھ.» 11:2، 6:14-11نى كۆرۈڭ).

(ب) خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە: «ساڭا ئوخشايدىغان بىر پەيغەمبەرنى تۇرغۇزىمەن» دەيدۇ. بۇ «ئوخشاشلىق» ئاز دېگەندە ئۈچ جەھەتتە كۆرۈلىدۇ، دەپ قارايمىز: —

بىرىنچىدىن، مۇسانىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتىنىڭ تەۋرات دەۋرى ئىچىدىكى ئالاھىدە تەرىپى «خۇدا ئۇنىڭ بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلەشكەن»لىكى ئىدى («چۆل.» 12:6-8، «قان.» 34:19). شۇڭا كەلگۈسى «پەيغەمبەر» بولسا مۇساغا ئوخشاش خۇدا بىلەن شۇنداق يېقىن ئالاقىدە بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، خۇدا مۇسا ئارقىلىق كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر، ئالامەت-كارامەتلەرنىڭ سانى خۇدا تەۋراتتىكى ھەرقانداق باشقا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كۆرسەتكىنىدىن كۆپتىن كۆپ ئىدى. ھالبۇكى، ئىنجىلنى ھەربىر ئوقۇغۇچىغا شۇ ئايان بولىدۇكى، مەسىھنى مۇسا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇسا كۆرسەتكىنىدىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئۇلۇغ مۆجىزىلەر، جۈملىدىن ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشنى كۆرسەتتى («يۇھ.» 21:25).

ئۈچىنچىدىن، تەۋرات دەۋرىدە مۇسا خۇدانىڭ «كونا ئەھدە»نى تۈزۈش

ۋاستىچىسى بولۇپ، سىناي تېغىدا ئىسرائىلنى خۇدا بىلەن بىرگە ئەھدىلىك مۇناسىۋەتكە كىرگۈزگۈچى «ئاچقۇچلۇق پەيغەمبەر» ئىدى. مەسىھ بولسا ئىسرائىلنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئېتىقادچىلارنى خۇدا بىلەن بىرگە يېڭى مۇناسىۋەتتە بولۇش ئۈچۈن تەڭداشسىز ئۆلۈغ «يېڭى ئەھدە»گە كىرگۈزىدۇ. بۇ يېڭى ئەھدە مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگىنىدىن ئۆلچىگۈسىز دەرىجىدە ئۇلۇغدۇر، بۇ نۇقتا «يەر.» 31:31-34، «2كور.» 3:6-18، «ئىبر.» 7:22، 8:6دە كۆرۈنەرلىك.

بىراق بىر جەھەتتىن «كەلگۈسى پەيغەمبەر» مۇساغا «ئوپئوخشاش» ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ: —

«مەن ئۆز سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالىمەن ۋە ئۇ مەن ئۇنىڭغا بارلىق تاپىلىغىنىمنى ئۇلارغا سۆزلەيدۇ».

مۇسا پەيغەمبەر خۇدا تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم چاقىرىلغاندا، خۇدانىڭ سۆزىگە تولۇق كىرمىگەن بولغاچقا («مىس.» 4:10-17)، ۋە كېيىن ئۆزى غەزەپلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن («چۆل.» 7:20-13، «قان.» 3:23-26) خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ھەربىر قېتىم خەلققە تويتوغرا، ئەينى پېتى يەتكۈزگەن ئەمەس. لېكىن مەسىھ بولسا شۇنداق قىلىدۇ.

مەسىھ بىلەن مۇسا پەيغەمبەرنىڭ باشقا ئوخشايدىغان ئورتاق يەرلىرى توغرىسىدا «مىسىردىن چىقىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

بارلىق ئوقۇرمەنلەر خۇدانىڭ بۇ پەيغەمبەر توغرۇلۇق مۇسا ئارقىلىق ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلسۇن: —

«ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ مېنىڭ نامىمدا دەيدىغان سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمايدىغان ھەرقانداق كىشى بولسا، مەن ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىمەن».

## 24:1-4 توغرۇلۇق

«ئەگەر بىرسى بىر ئايالنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا بىرەر سەت ئىشنى بىلىپ ئۇنىڭدىن سۆيۈنمىسە، ئۇنداقتا ئۇ تالاق خېتىنى پۈتۈپ، ئۇنىڭ قولىغا بېرىشى كېرەك؛ ئاندىن ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ. ئايال ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن باشقا

ئەرگە تەگسە بولىدۇ. بۇ ئىككىنچى ئەرمۇ ئۇنى يامان كۆرۈپ، تالاق خېتىنى يېزىپ قولىغا بېرىپ ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن چىقىرىۋەتسە، ياكى ئۇنى ئالغان ئىككىنچى ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى قويۇپ بەرگەن ئاۋۋالقى ئېرى ئۇنى ناپاك ھېسابلاپ، ئىككىنچى قېتىم خوتۇنلۇققا ئالمىسۇن، چۈنكى شۇنداق قىلسا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك ئىش بولىدۇ. سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا مىراس قىلىپ بېرىدىغان زېمىنىنىڭ ئۈستىگە گۇناھ يۈكلىمىگىن»

قويۇۋېتىلگەن ئايالنى قايتۇرۇۋېلىش نېمىشقا «يىرگىنچلىك ئىش» بولىدۇ؟ بۇ ئايەتلەر توغرىسىدىكى بەزى بايقىغىنىمىزنى تۆۋەندە بېرىمىز: —

(1) ئىنجىل دەۋرىگە كەلگەندە، رەب ئەيسا «تالاق قىلىش» توغرىسىدىكى مەسىلە توغرىسىدا يېڭى تەلىم بەرگەن؛ ئۇ ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىپ ئەگەشكەنلەرگە: تالاق قىلىش دېگەن ئىش (ئۆز جۆرىسىنىڭ زىنا قىلغان ئەھۋالدىن سىرت) قەتئىي بولمايدۇ، دەيدۇ. ئۇ بۇ ئايەتلەر توغرۇلۇق: «تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن مۇسا پەيغەمبەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان» دەيدۇ. «ماتتا» ۋە «كورىنتلىقلارغا (1)»دىكى (تالاق قىلىش توغرۇلۇق) «قوشۇمچە سۆز»لىرىمىزنى كۆرۈڭ.

(2) ئايالنى قويۇۋەتمەكچى بولغان ئەر كىشى ئاۋۋال گۇۋاھلىقى بولغان «تالاق خېتى»نى بېجىرىشى كېرەك. بۇ ئىش ئايالغا ئۆزىگە تەۋە بولغان نەرسىلەر ۋە كېرەك بولغان يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيدىن چىقىشقا تەييارلاشقا بىر مۇددەت ۋاقىت بېرىدۇ. دۇنيادىكى بەزى قانۇن-تۈزۈملەر ئاستىدا، ئەر كىشى پەقەت ئايالغا ئۈچ قېتىم: «سەن تالاق» دېيىشى بىلەنلا ئاندىن ئايال كىشى ھېچ تەييارلىق قىلماي دەرھال ئۆيدىن چىقىشى كېرەك.

(3) مەزكۇر ئايەتلەردە بىرىنچى خىل تالاق قىلىش سەۋەبى: «ئايالدا بىرەر سەت ئىشنى بىلىپ ئۇنىڭدىن سۆيۈنمەسلىك» دېگەنلىكتۇر. بۇ «سەت ئىش» زىناخورلۇق ياكى بۇزۇقلۇق بولالمايدۇ، چۈنكى زىناخورلۇق ياكى بۇزۇقلۇق سادىر قىلغان كىشى ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا سەۋەبى بەلكىم ئايالى باشقا ئەر كىشىلەر ئالدىدا ناز-كەرەشمە قىلىشى

ياكى باشقىلارغا ھەددىدىن ئاشقان يېقىنچىلىقنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇ ئايالنى ئەيىبلىگەن شۇ شارائىتلار ئاستىدا ئۇ ئۇنى قويۇۋەتكىنىدە، ئايالى پەقەت تويلۇق ۋە ئۆزىگە تەۋە بولغان نەرسىلەرنىلا ئۆيدىن ئېلىپ كېتىشى كېرەك بولغان بولۇشى مۇمكىن (دېمەك، ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ھېچقانداق مال-مۈلكىنى ئېلىپ چىقىش ھوقۇقى يوق). ئىككىنچى خىل «تالاق قىلىش»تا ئالاھىدە سەۋەب ئېيتىلمايدۇ، پەقەت ئايالنى ياقتۇرمىغىنى ئۈچۈن تالاق قىلىۋېتىدۇ. شۇ دەۋردىكى قانائاننىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ئەللەرنىڭ قانۇن-نىزام دوكلاتلىرىغا قارىغاندا بۇنداق شارائىتلار ئاستىدا ئايال كىشىنىڭ ئىككىنچى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىققىنىدا ئۇنىڭ مال-مۈلكىدىن مەلۇم بىر ئۈلۈشنى ئېلىپ چىقىش ھوقۇقى بار ئىدى.

(4) تېكىستكە قارىغاندا، ئايال كىشىنىڭ ئىككىنچى ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ياكى ئۇنىڭ ئېرى ئۆزىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئايال كىشى خالىسا قايتىدىن باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن بىرىنچى ئېرىگە نىسبەتەن ئۇ «ناپاك» ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى ئېرى ئۇنى قايتىدىن ئەمرىگە ئالسا بۇ ئىش نېمىشقا خۇدا ئالدىدا «يىرگىنچلىك» دېيىلىدۇ؟

ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىق تەبىئىيتىگە قاراپ، بىزنىڭچە سەۋەبى تۆۋەندىكى ئىككى ئىشلاردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن: —

(ئا) ئايال كىشىنىڭ ئاۋۋالقى ئېرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا ھېچقانداق «سەت ئىش» كۆرمىگەنىدى، بەلكى كۆز قىرىنى باشقا بىر قىز ياكى ئايالغا تاشلىغان بولۇشى مۇمكىنىدى. ئۇنىڭ: ئايالىمنىڭ «سەت ئىش»نى كۆردۈم، دېگىنى شۇ ئىككىنچى ئايالنى ئېلىشىغا بىر باھانە ئىدى، خالاس. لېكىن يۇقىرىقى قانۇن بەلگىلىمە ئۇنىڭغا: «ھازىرقى ئايالىڭنى قويۇۋەتسەڭ ئۇنى قايتا ئەمرىڭگە ئالالمايسەن» دەپ ئاگاھ قىلىدۇ. خۇدا ئايال كىشىنى ئەر كىشىگە تەۋە بىرخىل مال-مۈلۈك بولۇشقا ياراتقان ئەمەس؛ ھەرقانداق ئىنسان مەلۇم بىر مال ياكى تاماقنى زاكاس قىلىنغاندەك، بىردەم «ئالىمەن»، بىردەم «ئالمايمەن» دېگەندەك مۇئامىلىگە ئۇچرىسا بولمايدۇ. بۇنداق مۇئامىلە خۇدا ئالدىدا ھەقىقىي «يىرگىنچلىك»تۇر. شۇڭا مەزكۇر بەلگىلىمە ئەر كىشىنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەر-خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق ئوبدان ئويلىنىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن بېرىلگەن، دەپ قارايمىز.

(ئە) ئىككىنچى مۇمكىنچىلىكى باركى، ئەر كىشى ھەقىقەتەن ئايالدا مەلۇم

«سەت ئىش» كۆرگەن بولۇپ تالاق قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئايال كىشى ئىككىنچى ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ياكى ئۇنىڭ تەرىپىدىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئاۋۋالقى ئېرى ئۇنى مال-مۈلۈكلۈك دەپ بايقاپ، ئۇنىڭ بىلەن قايتىدىن توي قىلماقچى. لېكىن بۇنىڭ سەۋەبى ساختىپەزلىكتىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس. توي قىلىش نىيىتى مۇھەببەت ئەمەس، ساپ ئاچ كۆزلۈكتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭلاشقىمۇ شۇنداق مەقسەت بىلەن قايتىدىن توي قىلىش خۇدا ئالدىدا «يىرگىنچلىك» دەپ بېكىتىلىدۇ ۋە بۇ ئەر كىشىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايالى «ناپاك» دېيىلىدۇ. لېكىن، شۇ ئايال باشقا ئەر كىشى بىلەن توي قىلسا بولىدۇ.

## تەۋرات 6-قىسىم

# «يەشۇئا»
## (يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### ئارقا كۆرۈنۈشى

ئىسرائىل خەلقى مىسىردىن چىقىپ، چۆل-باياۋاندا قىرىق يىل ھەر جايدا سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەندىن كېيىن خۇدا ئۇلارغا تەقدىم قىلىشقا «ۋەدە قىلغان زېمىن»غا كىرىشكە تەييار تۇردى. مۇسا پەيغەمبەر ۋاپات بولۇپ، ئۇ ئۆز ئورنىنى بېسىشقا قويغان يەشۇئا خەلقنى شۇ زېمىنغا باشلاپ كىرىش ئالدىدا تۇراتتى. مۇسا ئەسلىدە خۇدانىڭ يەشۇئانىڭ يېتەكچىلىكىدە قىلماقچى بولغان كارامەتلىرىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ھوشىيا (نىجات-قۇتقۇزۇش)دىن يەشۇئاغا (پەرۋەردىگار نىجات-قۇتقۇزۇشتۇر دېگەن مەنىدە) ئۆزگەرتكەنىدى. يەشۇئا خەلققە باشلامچى بولغاندا سەكسەن ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا كۈچلۈك، تولىمۇ ساغلام ئادەم ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ، ئۆزى خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى خەلققە يەتكۈزىدۇ (مەسىلەن، 23- ۋە 24-بابنى كۆرۈڭ).

مەزكۇر كىتابتىن، خۇدانىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ قانۇن ئەمرلىرىنىڭ يەشۇئا ئارقىلىق بەجا كەلتۈرۈلگىنىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھدىسىنى تولۇق تۇتماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىسرائىللارغا بەرگەن ئاگاھلىرىنى

ئۆلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

كىتابتىكى كۆپىنچە مەزمۇن ئىسرائىلنىڭ قاناائانىيلارنىڭ يەتتە قەبىلىسى بىلەن بولغان جەڭلىرىنىڭ تارىخىدۇر. خۇدا ئەسلىدە ئىسرائىلنى شۇ قەبىلىلەرنى يوقىتىشى كېرەك، دەپ بېكىتكەنىدى؛ بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە «مىسىردىن چىقىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

ئۇشبۇ تارىختا خۇدانىڭ ۋەدىلىرىگە تايىنىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىدۇ. بۇنداق ئىمان-ئىشەنچ بۇ تارىختا خاتىرىلەنگەن ئىسرائىلنىڭ غەلىبىلىرى ۋە «تەبىئىي مۆجىزىلەر»گە ئاچقۇچتۇر. «تەبىئىي مۆجىزىلەر» دېگىنىمىزگە مىسال، يېرىخونىڭ سېپىللىرىنىڭ يىقىلىشى يەر تەۋرەش بىلەن بولغان بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن بۇ «تەبىئىي ۋەقە» دەل ئىسرائىل پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ نىدا قىلغان دەقىقىدىلا يۈز بەرگەن.

يەشۇئا پەرۋەردىگارغا ئىسرائىلنىڭ غالىب كېلىشى ئۈچۈن جەڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بەرگەيسەن دەپ نىدا قىلغان ۋاقىتدا يۈز بەرگەن مۆجىزە مۇقەددەس كىتابتا خاتىرىلەنگەن بارلىق مۆجىزىلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭ دائىرىلىك بولۇشى مۇمكىن – چۈنكى خۇدا قۇياش ۋە ئاينى ئاسماندا توختىتىدۇ. بۇنى بۈگۈنكى زاماندا بىز «خۇدا شۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىنى توختاتقان بولسا كېرەك» دېيىشىمىز مۇمكىن، لېكىن بۇ ئۇنىڭ شۇ مۆجىزىنى قانداق ياراتقانلىقىغا نىسبەتەن ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش ھېسابلانمايدۇ، ئەلۋەتتە!

## ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلار

«يەشۇئا» دېگەن كىتابنىڭ كۆپ تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتلىرى، مەسىلەن ھەتتا بەزى كىچىك يېزا-كەنتلەرنىڭ ناملىرى يېقىندىكى 200 يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىلەن تەستىقلانغان.

## خەرىتىلەر

ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەزكۇر كىتابنىڭ كۆپ تەپسىلاتلىرى، بولۇپمۇ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتلىرىنى ئوبدانراق چۈشىنىشى ئۈچۈن خەرىتىلەرنى كۆرسۇن. ئۇشبۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى زاماندىكى كۆپ شەھەرلەر، ھەتتا كەنت-قىشلاقلار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق تېپىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ نەگە جايلاشقىنى تېخى نامەلۇم.

## مەزمۇن: -

1-باب – خۇدانىڭ يەشۇئانى مۇسانىڭ ئورنى باسارلىقىغا بېكىتىپ، ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرۇشى

2-5 باب – زېمىنغا كىرىش

6-12 باب – زېمىننى ئىگىلەش

13-22 باب – زېمىننىڭ چەك تاشلىنىپ، 12 قەبىلىگە تەقسىم قىلىنىشى

23-24 باب – يەشۇئانىڭ خەلققە ئاخىرقى ئاگاھ-جېكىلەشلىرى؛ ئۇنىڭ ئۆلۈمى ۋە دەپنە قىلىنىشى

# يەشۇئا

## پەرۋەردىگارنىڭ يەشۇئا پەيغەمبەرنى چاقىرىشى، ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرۇشى

1 [1] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى بولغان مۇسا ۋاپات بولغاندىن كېيىن
شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگار مۇسانىڭ خىزمەتكارى، نۇننىڭ
ئوغلى يەشۇئاغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2] مېنىڭ قۇلۇم مۇسا ۋاپات بولدى. ئەمدى سەن قوزغىلىپ، بۇ خەلقنىڭ
ھەممىسىنى باشلاپ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مەن ئۇلارغا، يەنى
ئىسرائىللارغا تەقدىم قىلىدىغان زېمىنغا كىرگىن. [3] مەن مۇساغا
ئېيتقىنىمدەك، پۇتۇڭلارنىڭ تاپىنى قەيەرگە تەگكەن بولسا، شۇ
جاينى سىلەرگە بەردىم؛ [4] چېگراڭلار چۆل-باياۋاندىن تارتىپ
لىۋانغىچە، ھىتتىيلارنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئەفرات
دەرياسىدىن كۈن پېتىشتىكى ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولىدۇ. [5] سېنىڭ
بارلىق ھايات كۈنلىرىڭدە ھېچكىم ساڭا قارشى تۇرالمايدۇ. مەن
ئۆزۈم مۇسا بىلەن بىللە بولغاندەك سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ،
سېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن. [6] سەن جۈرئەتلىك ۋە قەيسەر
بولغىن؛ چۈنكى سەن بۇ خەلقنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىغا بېرىشكە

1:1 **«ۋە پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى بولغان مۇسا ۋاپات بولغاندىن كېيىن...»** ــ مۇشۇ جۈملە «ۋە» دېگەن سۆز بىلەن باشلىنىپ، «يەشۇئا» دېگەن كىتابنىڭ «قانۇن شەرھى» دېگەن كىتاب بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «قان.» 34:12-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**1:1** قان. 5:34؛38:1

**2:1** **«مېنىڭ قۇلۇم مۇسا ۋاپات بولدى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، مۇسا تاغقا چىقىپ خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا يالغۇز ئۆلگەن ۋە خۇدا تەرىپىدىن دەپنە قىلىنغان. ھېچكىم بۇ ئىشلارغا كۆز گۇۋاھچى بولمىغانىدى («قان.» 34:5-6).

**3:1** قان. 24:11؛ يە. 9:14

**4:1** **«ئوتتۇرا دېڭىزغىچە...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلۇغ دېڭىزغىچە...».

**5:1** قان. 31:6، 8؛ ئىبر. 13:5، 6

قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان زېمىنغا مىراسخور قىلىپ ئىگىلىتىسەن
. [7] مېنىڭ قۇلۇم مۇسا ساڭا بۇيرۇغان بارلىق قانۇنغا ئەمەل قىلىشقا
كۆڭۈل بۆلۈپ، قەتئىي جۈرئەتلىك ۋە تولىمۇ قەيسەر بولغىن؛ سەن
قەيەرگىلا بارساڭ ئىشلىرىڭ غەلىبىلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن
يا ئوڭ يا سولغا چەتنەپ كەتمە؛ [8] بۇ قانۇن كىتابىنى ئۆز ئاغزىڭدىن
نېرى قىلماي، ئۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈلگەننىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ،
ئۇنى كېچە-كۈندۈز زىكىر قىلىپ ئويلا؛ شۇنداق قىلساڭ يوللىرىڭدا
غەلىبىلىك بولۇپ، ئۆزۈڭ روناق تاپىسەن. [9] مانا ساڭا: ــ جۈرئەتلىك
ۋە قەيسەر بول، دەپ بۇيرۇغان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ھېچ ۋەھىمىگە چۈشمە،
يۈرەكسىز بولما؛ چۈنكى قەيەرگە بارساڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سەن
بىلەن بىرگىدۇر.

## يەشۇئانىڭ خەلقنى قانائانغا كىرىپ جەڭ قىلىشقا تەييارلىشى

[10] شۇنىڭ بىلەن يەشۇئا خەلقنىڭ باشلىرىغا بۇيرۇپ: ــ
[11] سىلەر چېدىرگاھتىن ئۆتۈپ خەلققە: ــ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئوزۇق-
تۈلۈك تەييار قىلىڭلار، چۈنكى ئۈچ كۈن توشقاندا سىلەر ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆتۈپ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە بېرىدىغان
زېمىننى ئىگىلەش ئۈچۈن كىرىسىلەر، ــ دەڭلار، دېدى.
[12] يەشۇئا رۇبەنلەر بىلەن گادلار ۋە ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە
سۆز قىلىپ: ــ

---

**6:1** قان. 23:31

**7:1 «...قەتئىي جۈرئەتلىك ۋە تولىمۇ قەيسەر بولغىن»** ــ ھەرقانداق كىشى خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئاساسەن بارلىق خەلققە يېتەكچىلىك قىلىپ، خەلقنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن جۈرئەتلىك بولۇشى كېرەك.

**7:1** قان. 32:5؛ 14:28

**8:1 «بۇ قانۇن كىتابى»** ــ (ياكى «مۇقەددەس قانۇندىكى بۇ كىتاب» ياكى «كىتابتىكى بۇ قانۇن») ــ ياكى «كانۇن شەرھى» ياكى «مۇسا پەيغەمبەرنىڭ بەش كىتابى»نى (يەنى «يارىتىلىش»، «مىسىردىن چىقىش»، «لاۋىيلار»، «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» شۇنداقلا «قانۇن شەرھى»نى) كۆرسىتىدۇ.

**8:1** زەب. 2:1

[13] خۇدانىڭ قۇلى بولغان مۇسانىڭ سىلەرگە بۇيرۇپ: ــ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە ئارامлىق ئاتا قىلىپ بۇ زېمىننى سىلەرگە بەرگەن، دەپ ئېيتقىنىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. [14-15] خوتۇن بالا-چاقاڭلار ۋە چارۋايلىرىڭلار مۇسا ئۆزى سىلەرگە تەقسىم قىلغان، ئىئوردان دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى زېمىندا قالسۇن، لېكىن ئاراڭلاردا قانچىلىك باتۇر پالۋان بولساڭلار، سىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئالدىدا سەپتە تۇرۇپ ئۇلارغا ياردەم بېرىپ جەڭ قىلىڭلار؛ تاكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار قېرىنداشلىرىڭلارغا سىلەرگە ئاتا قىلغىنىغا ئوخشاش ئارام ئاتا قىلىپ، قېرىنداشلىرىڭلارغا ئۇ ئۇلارغا مىراس قىلىپ بېرىدىغان زېمىننى ئىگىلەتكۈچە شۇنداق قىلىڭلار. ئاندىن سىلەر تەۋەلىكىڭلار بولغان زېمىننى، يەنى خۇدانىڭ قۇلى بولغان مۇسا سىلەرگە تەقسىم قىلغان، ئىئوردان دەرياسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى بۇ زېمىننى ئىگىلەش ئۈچۈن قايتىپ بېرىڭلار، ــ دېدى.
[16] ئۇلار يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ: ــ سەن بىزگە ئەمر قىلغاننىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىمىز، سەن بىزنى قەيەرگە ئەۋەتسەڭ، شۇ يەرگە بارىمىز. [17] بىز ھەممە ئىشتا مۇسانىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىنىمىزدەك ساڭا قۇلاق سالىمىز؛ بىردىنبىر تىلىكىمىز، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ مۇسا بىلەن بىللە بولغاندەك سېنىڭ بىلەنمۇ بىللە بولغاي! [18] كىمكى سېنىڭ ئەمرىڭگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، سەن بىزگە بۇيرۇغان ھەرقانداق سۆزلىرىڭگە قۇلاق سالمىسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ! سەن پەقەتلا جۈرئەتلىك ۋە قەيسەر بولغىن، ــ دېدى.

---

13:1 **«پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار .... بۇ زېمىننى سىلەرگە بەرگەن، دەپ ئېيتقىنىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار»** ــ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ «خۇدا ... سىلەرگە ئارامлىق ئاتا قىلىپ بۇ زېمىننى سىلەرگە بەرگەن» دېگەن سۆزلىرى مۇشۇ ئىككى يېرىم قەبىلىنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ **شەرق تەرىپىدىن** ئۆزلىرى ئۈچۈن بالدۇرلا يەر-زېمىن ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق ھازىر دەريادىن ئۆتۈپ غەربىي تەرەپتىكى زېمىننى ئىگىلەشكە كىرىدۇ. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ بۇ سۆزلىرى «قان.» 3:18-20دە تېپىلىدۇ.

15-14:1 **«بۇ تەرەپ»** ــ دەريانىڭ شەرق تەرىپى، ھازىرقى سۈرىيە زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ.

## چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىش

2 [1]ئەمدى نۇنىنىڭ ئوغلى يەشۇئا ئىككى چارلىغۇچىنى شىتتىمدىن
ئەۋەتكەن بولۇپ ئۇلارغا: ــ سىلەر بېرىپ ئۇ زېمىننى، بولۇپمۇ
يېرىخو شەھىرىنى چارلاپ كېلىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ يەرگە
بېرىپ، راھاب ئاتلىق بىر پاھىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قوندى. [2]لېكىن
بىرسى كېلىپ يېرىخو پادىشاھىغا: ــ بۈگۈن كېچە ئىسرائىللاردىن
بىرنەچچە كىشى بۇ زېمىننى چارلىغىلى كەپتۇ، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.
[3]شۇنىڭ بىلەن يېرىخو پادىشاھى راھابنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ:
ــ سېنىڭ قېشىڭغا كېلىپ، ئۆيۈڭگە كىرگەن شۇ كىشىلەرنى بىزگە
تاپشۇرۇپ بەرگىن، چۈنكى ئۇلار بۇ زېمىنىنىڭ ھەر يېرىنى پايلىغىلى
كەپتۇ، ــ دېدى.
[4]لېكىن ئۇ ئايال ئۇ ئىككى كىشىنى ئېلىپ چىقىپ يوشۇرۇپ
قويغانىدى؛ ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ دەرۋەقە بۇ كىشىلەر مېنىڭ قېشىمغا
كەلدى، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمىدىم؛ [5]قاراڭغۇ
چۈشۈپ، قوۋۇقنى ئېتىدىغان ۋاقىت كەلگەندە شۇنداق بولدىكى، بۇ
ئادەملەر چىقىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى بىلمەيمەن.
ئۇلارنى تېزدىن قوغلىساڭلار، چوقۇم يېتىشىۋالىسىلەر، ــ دېدى.
[6]لېكىن ئۇ ئايال ئۇلارنى ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە
رەتلەپ يېيىپ قويغان زىغىر پاخاللىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ
قويغانىدى. [7]ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىزدەپ قوغلىغۇچىلار
ئىئوردان دەرياسىنىڭ يولى بىلەن چىقىپ دەريا كېچىكلىرىگىچە
قوغلاپ باردى. ئۇلارنى قوغلىغۇچىلار شەھەردىن چىقىشى بىلەنلا،
شەھەرنىڭ قوۋۇقى تاقالدى.
[8]شۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئىككىيلەن تېخى ئۇخلاشقا ياتمىغانىدى، راھاب
ئۆگزىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ [9]ئۇلارغا: ــ پەرۋەردىگارنىڭ
بۇ زېمىننى سىلەرگە مىراس قىلىپ بەرگەنلىكىنى، شۇنداقلا

---

1:2 **«ئەمدى نۇنىنىڭ ئوغلى يەشۇئا ئىككى چارلىغۇچىنى شىتتىمدىن ئەۋەتكەن بولۇپ...»** ــ بۇ بۇيرۇق 10:1-ئايەتتىكى بۇيرۇق سەل ئالدىدا ئىدى.

سىلەردىن بولغان ۋەھىمەڭلار بىزلەرگە چۈشۈپ، بۇ زېمىندىكىلەرنىڭ
ھەممىسى ئالدىڭلاردا ھالىدىن كېتەي دېگىنىنى بىلىمەن؛ [10] چۈنكى
بىز سىلەر مىسىردىن چىققىنىڭلاردا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىڭلاردا
قىزىل دېڭىزنى قورۇتقانلىقىنى، شۇنداقلا سىلەرنىڭ ئىئوردان
دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاموريلارنىڭ ئىككى پادىشاھى
سىھون بىلەن ئوگنى قانداق قىلغانلىقىڭلارنى، ئۇلارنى مۇتلەق
يوقاتقانلىقىڭلارنى ئاڭلىدۇق. [11] بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىمىز سۇ بولۇپ،
سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن ھەرقايسىمىزنىڭ روھى چىقىپ كەتتى.
چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار بولسا يۇقىرىدا، ئاسمانلارنىڭ ھەمدە
تۆۋەندە يەرنىڭ خۇداسىدۇر. [12-13] ئەمدى سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، مەن
سىلەرگە كۆرسەتكەن ھىممىتىم ئۈچۈن سىلەرمۇ مېنىڭ ئاتامنىڭ
جەمەتىگە ھىممەت قىلىشقا پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ماڭا
قەسەم قىلىڭلار، شۇنداقلا ئاتا-ئانامنى، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل
قېرىنداشلىرىمنى ۋە ئۇلارغا تەۋە بارلىقىغا چېقىلماسلىقىڭلار،
جېنىمىزنى تىرىك قالدۇرۇپ، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇشۇڭلار توغرىسىدا
ماڭا بىر كاپالەت بەلگىسىنى بېرىڭلار، ــ دېدى.
[14] ئىككىيلەن ئۇنىڭغا: ــ ئەگەر سەن بۇ ئىشىمىزنى ئاشكارىلاپ
قويمىساڭ، سىلەر جېنىڭلاردىن ئايرىلساڭلار، بىزمۇ جېنىمىزدىن
ئايرىلغايمىز! شۇنىڭدەك شۇنداق بولىدۇكى، پەرۋەردىگار بىزگە بۇ
زېمىننى ئىگە قىلغۇزغاندا، بىز جەزمەن سىلەرگە مېھرىبانلارچە ۋە
سەمىمىي مۇئامىلىدە بولىمىز، دېدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن ئايال ئۇلارنى پەنجىرىدىن بىر تانا بىلەن چۈشۈرۈپ
قويدى (چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ سېپىلىدا بولۇپ، ئۇ
سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى).
[16] ئايال ئۇ ئىككىسىگە: ــ قوغلىغۇچىلار سىلەرگە ئۇچراپ
قالماسلىقى ئۈچۈن، تاغقا چىقىپ، ئۇ يەردە ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ

**10:2** مس. 21:14؛ چۆل. 24:21، 34؛ يە. 23:4
**11:2** قان. 39:4

تۇرۇشلار؛ قوغلىغۇچىلار شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
ئاندىن سىلەر ئۆز يولۇڭلارغا ماڭساڭلار بولىدۇ، ــ دېدى.
[17] ئىككىسى ئايالغا: ــ ئەگەر سەن بىزنىڭ دېگىنىمىزدەك
قىلمىساڭ، سەن بىزگە قىلغۇزغان قەسەمدىن خالاس بولىمىز:
ــ [18] مانا، بىز زېمىنغا كىرگەن چاغدا، سەن بىزنى چۈشۈرۈشكە
ئىشلەتكەن بۇ قىزىل تانىنى پەنجىرىگە باغلاپ قويغىن؛
ئاندىن ئاتا-ئاناڭنى، ئاكا-ئۇكا قېرىنداشلىرىڭنى، شۇنداقلا
ئاتاڭنىڭ بارلىق جەمەتىدىكىلەرنى ئۆيۈڭگە، ئۆزۈڭگە يىغىپ
جەم قىلغىن. [19] شۇنداق بولىدۇكى، ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكلىرىدىن
تاشقىرىغا چىققان ھەركىمنىڭ قېنى ئۆز بېشىدا بولىدۇ؛ بىز
ئۇنىڭغا مەسئۇل ئەمەسمىز؛ لېكىن بىراۋ ئۆيۈڭدە سەن بىلەن
بىللە بولغان بىرسىنىڭ ئۈستىگە قول سالسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ
قېنى بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشكەي! [20] ئەگەر سەن بۇ ئىشىمىزنى
ئاشكارىلاپ قويساڭ، سەن بىزگە قىلغۇزغان بۇ قەسەمدىن خالاس
بولىمىز، ــ دېدى.
[21] راھاب جاۋاب بېرىپ: ــ سىلەرنىڭ دېگىنىڭلەردەك بولسۇن
دەپ، ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئايال
پەنجىرىگە ئۇ قىزىل تانىنى باغلاپ قويدى.
[22] ئۇ ئىككىسى ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، تاغقا چىقىپ، قوغلىغۇچىلار
شەھەرگە قايتىپ كەتكۈچە ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردى. قوغلىغۇچىلار
يول بويىدىكى ھەممە يەرنى ئىزدەپمۇ ئۇلارنى تاپالمىدى. [23] ئاندىن
بۇ ئىككىسى تاغدىن چۈشۈپ، قايتىپ ماڭدى؛ ئۇلار دەريادىن
ئۆتۈپ، نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئانىڭ قېشىغا كېلىپ، بېشىدىن
كەچۈرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى. [24] ئۇلار يەشۇئاغا:
ــ پەرۋەردىگار دەرۋەقە بارلىق زېمىننى قولىمىزغا تاپشۇردى؛ زېمىندا
تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تۈپەيلىمىزدىن روھى چىقىپ
كەتتى، ــ دېدى.

**19:2** مات. 25:27




يېرىخو شەھىرىدىكى قوش قاتلاملىق سېپىللار

## ئىسرائىلنىڭ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈشى

3 [1]يەشۇئا ئەتىسى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، پۈتكۈل ئىسرائىل بىلەن
شىتتىمدىن ئايرىلىپ ئىئوردان دەرياسىغا كەلدى؛ ئۇلار دەريادىن
ئۆتكۈچە شۇ يەردە بارگاھ تىكىپ تۇردى. [2]ئۈچ كۈن توشۇپ، سەردارلار
چېدىرگاھتىن ئۆتۈپ، [3]خەلققە ئەمر قىلىپ: ــ سىلەر پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى، يەنى لاۋىيلارنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈپ
ماڭغىنىنى كۆرگەن ھامان، تۇرغان ئورنۇڭلاردىن قوزغىلىپ، ئەھدە
ساندۇقىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىڭلار. [4]لېكىن ئۇنىڭ
بىلەن سىلەرنىڭ ئارىلىقىڭلاردا ئىككى مىڭ گەز ئارىلىق قالسۇن؛
قايسى يول بىلەن ماڭىدىغىنىڭلارنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا
يېقىنلاشماڭلار؛ چۈنكى سىلەر ئىلگىرى مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ
باقمىغانسىلەر، ــ دېدى.
[5]يەشۇئا خەلققە: ــ ئۆزۈڭلارنى پاك-مۇقەددەس قىلىڭلار، چۈنكى ئەتە
پەرۋەردىگار ئاراڭلاردا مۆجىزە-كارامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، ــ دېدى.
[6]ئاندىن يەشۇئا كاھىنلارغا: ــ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ خەلقنىڭ
ئالدىدا دەريادىن ئۆتۈڭلار، دەپ بۇيرۇۋىدى، ئۇلار ئەھدە ساندۇقىنى
ئېلىپ خەلقنىڭ ئالدىدا ماڭدى.
[7]پەرۋەردىگار يەشۇئاغا سۆز قىلىپ: ــ ھەممە ئىسرائىلنىڭ مېنىڭ مۇسا
بىلەن بىللە بولغىنىمدەك، سېنىڭ بىلەنمۇ بىللە بولىدىغانلىقىمنى
بىلىشى ئۈچۈن بۈگۈندىن ئېتىبارەن سېنى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چوڭ
قىلىمەن. [8]ئەمدى سەن ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلارغا:
ــ سىلەر ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندە،
ئىئوردان دەرياسى ئىچىدە تۇرۇڭلار، ــ دېگىن، ــ دېدى.
[9]يەشۇئا ئىسرائىللارغا: ــ بۇ ياققا كېلىڭلار، پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، دېدى.
[10-11]ئاندىن يەشۇئا: ــ مانا، سىلەر شۇ ئىش ئارقىلىق مەڭگۈلۈك

---

2:3 يە. 10:1
7:3 يە. 5:1

هايات تەڭرىنىڭ ئاراڭلاردا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ سىلەرنىڭ
ئالدىڭلاردىن ھىتتىيلار، گىرگاشىيلار، ئامورىيلار، قانائانىيلار،
پەرىززىيلار، ھىۋىيلار، يەبۇسىيلارنى ھەيدىۋېتىدىغانلىقىنى
بىلىسىلەر — پۈتكۈل يەر-زېمىننىڭ ئىگىسىنىڭ ئەھدە
ساندۇقى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئىئوردان دەرياسى ئىچىدىن
ئۆتكۈزۈلىدۇ. [12] ئەمدى ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىدىن ئون ئىككى
ئادەمنى تاللاڭلار، ھەرقايسى قەبىلىدىن بىردىن بولسۇن؛ [13] شۇنداق
بولىدۇكى، پۈتكۈل يەر-زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلارنىڭ تاپىنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ
سۈيىگە تەگكەندە، ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيى، يەنى باش ئېقىندىن
ئېقىپ كەلگەن سۇلار ئۈزۈپ تاشلىنىپ، دەريا كۆتۈرۈلۈپ دۆۋە بولىدۇ،
— دېدى.
[14] ئەمدى شۇنداق بولدىكى، خەلق چېدىرلىرىدىن چىقىپ ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆتمەكچى بولغاندا، ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلار
خەلقنىڭ ئالدىدا ماڭدى؛ [15] ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگۈچىلەر ئىئوردان
دەرياسىغا يېتىپ كېلىپ، پۇتلىرى سۇغا تېگىشى بىلەنلا (ئورما
ۋاقتىدا ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىن
تېشىپ چىقىدۇ)، [16] يۇقىرى ئېقىندىكى سۇلار خېلى يىراقتىلا،
زارەتاننىڭ يېنىدىكى ئادەم شەھىرىنىڭ يېنىدا توختاپ، دۆۋە بولدى؛
ئاراباھ تۈزلەڭلىكى بويىدىكى دېڭىزغا، يەنى «شور دېڭىز»غا
ئېقىپ چۈشۈۋاتقان كېيىنكى ئېقىمى ئۈزۈلۈپ قالدى؛ خەلق بولسا
يېرىخو شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدىن دەريادىن ئۆتۈپ ماڭدى. [17] پۈتكۈل
ئىسرائىل قۇرۇق يەرنى دەسسەپ، بارلىق خەلق ئىئوردان دەرياسىدىن
پۈتۈنلەي ئۆتۈپ بولغۇچىلىك، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى

**13:3** زەب. 3:114

**14:3** روس. 45:7

**15:3** 1تار. 16:12

**16:3** **«ئادەم شەھىرى»** — «ئادەم» شەھەرنىڭ نامى. **«شور دېڭىز»** — ھازىر «ئۆلۈك دېڭىز» دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆتۈرگەن كاھىنلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇق يەردە
مەزمۇت تۇردى.

## دەريادىن ئۆتكەنلىكى خاتىرىلەش

4 [1] پۈتكۈل خەلق ئىئوردان دەرياسىدىن تامامەن ئۆتۈپ بولغاندا،
پەرۋەردىگار يەشۇئاغا سۆز قىلىپ: ــ
[2] خەلقنىڭ ئارىسىدىن ئون ئىككى ئادەمنى تاللىغىن، ھەر قەبىلىدىن
بىردىن ئادەم بولسۇن، [3] ئۇلارغا: ــ سىلەر ئىئوردان دەرياسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن، كاھىنلارنىڭ پۇتلىرى مەزمۇت تۇرغان جايدىن ئون
ئىككى تاشنى ئېلىپ، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۆزۈڭلار بۈگۈن كېچە
بارگاھ تىكىدىغان يەرگە قويۇڭلار، دېگىن، دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن يەشۇئا ھەر قەبىلىدىن بىردىن ئادەمنى، يەنى ئىسرائىللار
ئارىسىدىن تاللىغان ئون ئىككى كىشىنى چاقىردى؛ [5] ئاندىن يەشۇئا
ئۇلارغا: ــ سىلەر ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ،
ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ سانىغا ماس ھالدا
بىردىن تاشنى ئېلىپ مۈرەڭلەرگە قويۇڭلار. [6] چۈنكى بۇ ئاراڭلاردا
بىر ئەسلەتمە-بەلگە بولىدۇ؛ كەلگۈسىدە باللىرىڭلار: ــ بۇ
تاشلارنىڭ سىلەرگە نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ــ دەپ سوراپ قالسا،
سىلەر ئۇلارغا: ــ
[7] ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۇلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئالدىدا ئۈزۈپ قويۇلدى؛ ئەھدە ساندۇقى ئىئوردان دەرياسىدىن
ئۆتكۈزۈلگەندە ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۇلىرى ئۈزۈپ قويۇلدى؛ شۇڭا
بۇ تاشلار ئىسرائىللارغا مەڭگۈلۈك بىر ئەسلەتمە-بەلگە بولىدۇ، ــ
دەپ جاۋاپ بېرىسىلەر.

**1:4** يە. 12:3
**7:4** يە. 13:3

[8]شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار يەشۇئا ئۇلارغا بۇيرۇغاندەك قىلدى.
پەرۋەردىگارنىڭ يەشۇئاغا قىلغان ئەمرى بويىچە ئىسرائىلنىڭ
قەبىلىلىرىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
ئون ئىككى تاشنى ئېلىپ، قونىدىغان جايغا كۆتۈرۈپ بېرىپ، شۇ
يەردە قويۇپ قويدى.
[9]بۇنىڭدىن باشقا يەشۇئا ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەھدە
ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلارنىڭ پۇتلىرى مۇستەھكەم تۇرغان
جايدا ئون ئىككى تاشنى تىكلەپ قويدى. بۇ تاشلار بولسا بۈگۈنگىچە
شۇ يەردە تۇرىدۇ.
[10]پەرۋەردىگار يەشۇئاغا خەلققە ئېيتىشقا تاپىلىغان بارلىق ئىشلار
ئورۇنلانغۇچىلىك، يەنى مۇسا ئەسلىدە يەشۇئاغا بۇيرۇغانلىرىنىڭ
ھەممىسى بەجا كەلتۈرۈلگۈچە، ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلار
ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ تۇردى. خەلق شۇ يەردىن
تېزدىن ئۆتۈۋاتاتتى. [11]شۇنداق بولدىكى، بارلىق خەلق تامامەن ئۆتۈپ
بولغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى بىلەن كاھىنلار خەلقنىڭ
ئالدىدىن ئۆتتى. [12]رۇبەنلەر بىلەن گادلار ۋە ماناسسەھنىڭ يېرىم
قەبىلىسىدىكىلەرمۇ مۇسانىڭ ئۇلارغا بۇيرۇغىنىدەك سەپتە تۈزۈپ
ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا دەريادىن ئۆتتى. [13]جەمئىي بولۇپ قىرىق
مىڭچە قوراللانغان كىشى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، يېرىخو
تۈزلەڭلىكلىرىگە كېلىپ، جەڭ قىلىشقا تەييار تۇردى.
[14]ئۇ كۈنى پەرۋەردىگار يەشۇئانى پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ نەزىرىدە چوڭ
قىلدى؛ ئۇلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە مۇسادىن قورققاندەك ئۇنىڭدىنمۇ
قورقتى.
[15]پەرۋەردىگار يەشۇئاغا سۆز قىلىپ: —

---

**12:4 «...مۇسانىڭ ئۇلارغا بۇيرۇغىنىدەك سەپتە تۈزۈپ،...»** — ياكى «مۇسانىڭ ئۇلارغا بۇيرۇغىنىدەك قورال-ياراغلارنى كۆتۈرۈپ،...».

**12:4** چۆل. 20:32، 29

**14:4** يە. 7:3

[16] ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلارغا: ــ ئىئوردان دەرياسىدىن چىقىڭلار، دەپ بۇيرۇغىن، دېدى.

[17] شۇڭا يەشۇئا كاھىنلارغا: ــ ئىئوردان دەرياسىدىن چىقىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. [18] شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ، پۇتلىرىنىڭ تاپىنى قۇرۇقلۇقنى دەسسىشى بىلەنلا، ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيى يەنە ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىپ، ئاۋۋالقىدەك ئىككى قىرغىقىغىچە تېشىپ ئېقىشقا باشلىدى.
[19] خەلق بولسا بىرىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يېرىخونىڭ شەرقىنىڭ ئەڭ چەت تەرىپىدىكى گىلگالغا كېلىپ چېدىرگاھ تىكتى.
[20] ئۇلار ئىئوردان دەرياسىدىن ئالغاچ كەلگەن ئون ئىككى تاشنى بولسا، يەشۇئا ئۇلارنى گىلگالدا تىكلەپ قويدى؛ [21] ئاندىن ئىسرائىللارغا: ــ كېيىن باللىرىڭلار ئۆز ئاتىلىرىدىن: ــ بۇ تاشلارنىڭ ئەھمىيىتى نېمە، دەپ سورىسا، [22] سىلەر باللىرىڭلارغا مۇنداق ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار: ــ «ئىسرائىل ئىلگىرى قۇرۇق يەرنى دەسسەپ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكەنىدى؛ [23] چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار بىز قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكۈچە ئالدىمىزدا ئۇنىڭ سۇلىرىنى قۇرۇتۇپ بەرگەندەك، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەر ئۆتكۈچە ئالدىڭلاردا ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيىنى قۇرۇتۇپ بەردى؛ [24] يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر پەرۋەردىگارنىڭ قولىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈكلۈكىنى بىلسۇن،

---

**16:4 «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقى»** ــ مۇشۇ يەردە «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق» خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان تۈپ ئەمرلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان ئەھدىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ خۇدانىڭ مۇقەددەس ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى شۇ ئەمرلەردە ئايان قىلىنغاچقا، «ھۆكۈم-گۇۋاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، شۇ ئەمرلەر ئەھدە ساندۇقى ئىچىدە ساقلاقلىق تاش تاختايلار ئۈستىدە پۈتۈكلۈك ئىدى. شۇڭا بەزىدە ساندۇق «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقى»، ئىبادەت چېدىرى «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**23:4** مىس. 21:14

شۇنداقلا سىلەرنىڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردىن ھەمىشە قورقۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۇ شۇنداق قىلدى» ــ دېدى.

5 [1] شۇنداق بولدىكى، ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئامورىيلارنىڭ ھەممە پادىشاھلىرى بىلەن دېڭىزنىڭ يېنىدىكى قانائانىيلارنىڭ ھەممە پادىشاھلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللار ئۆتۈپ كەتكۈچە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئىئوردان سۇلىرىنى قانداق قۇرۇتۇپ بەرگىنىنى ئاڭلىغاندا، يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ، ئىسرائىللارنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ روھى چىقاي دەپ قالدى.

## يېڭى بىر دەۋرنىڭ سۈننەت قىلىنىشى

[2] ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار يەشۇئاغا سۆز قىلىپ: ــ سەن چاقماق تاشلىرىدىن پىچاقلارنى ياساپ، ئىسرائىللارنى ئىككىنچى قېتىم خەتنە قىلغىن، دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن يەشۇئا چاقماق تاشلىرىدىن پىچاقلارنى ياساپ، ئىسرائىللارنى «خەتنىلىك دۆڭلۈكى»دە خەتنە قىلدى. [4] يەشۇئانىڭ ئۇلارنى خەتنە قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، مىسىردىن چىققان جەڭگە يارىغۇدەك ھەممە ئەركەكلەر مىسىردىن چىققاندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ يولىدا ئۆلۈپ تۈگىگەنىدى. [5] چۈنكى مىسىردىن چىققان بارلىق خەلق خەتنە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مىسىردىن چىقىپ چۆللۈكنىڭ يولىدا يۈرگەن ۋاقىتتا ئىسرائىل ئارىسىدا تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى خەتنىسىز قالغانىدى؛ [6] چۈنكى ئەسلىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىغان، مىسىردىن چىققان خەلق ئىچىدىكى جەڭگە يارىغۇدەك بارلىق ئەركەكلەر ئۆلۈپ تۈگىگۈچە ئىسرائىللار قىرىق يىل چۆلدە يۈرگەنىدى؛ پەرۋەردىگار ئۇلارغا: ــ سىلەرنى مەن ئاتا-

---

2:5 مىس. 25:4

3:5 **«خەتنىلىك دۆڭلۈكى»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «گىبېئاھ ھائارالوت».

بوۋىلىرىڭلارغا بېرىشكە قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان زېمىننى، يەنى
سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان يۇرتنى كۆرگۈچىلەر قىلمايمەن، دەپ
قەسەم قىلغانىدى. [7] لېكىن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئورنىنى باستۇرغان
ئەۋلادلىرى بولسا، يولدا خەتنە قىلىنمىغاچقا، يەشۇئا ئۆزى ئۇلارنى
خەتنە قىلدى. [8] بارلىق خەلق خەتنە قىلىنىپ، ساقايغۇچىلىك
چېدىرلىرىدا، ئۆز ئورۇنلىرىدىن چىقماي تۇردى.
[9] ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار يەشۇئاغا: ــ بۈگۈن مەن مىسىرنىڭ ئار-
نومۇسىنى ئۈستۈڭلاردىن يۇمىلىتىۋەتتىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ جايغا «گىلگال» دەپ نام قويۇلۇپ، تاكى بۈگۈنگىچە شۇنداق
ئاتالماقتا.
[10] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار گىلگالدا چېدىر تىكىپ تۇردى.
بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئاخشىمى يېرىخو دىيارىنىڭ
تۈزلەڭلىكلىرىدە «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نى ئۆتكۈزدى.
[11] «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نىڭ ئەتىسى ئۇلار شۇ يەرنىڭ ئاشلىق
مەھسۇلاتلىرىدىن يېدى، جۈملىدىن شۇ كۈنى پېتىر نانلارنى ۋە
قومىچلارنى يېدى. [12] ئۇلار شۇ زېمىننىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىدىن
يېگەندىن كېيىن، ئەتىسى «ماننا»نىڭ چۈشۈشى توختىدى. شۇ
ۋاقىتتىن تارتىپ ئىسرائىللارغا ھېچ ماننا بولمىدى؛ شۇ يىلدا ئۇلار
قانائان زېمىنىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن يېدى.

---

**6:5** چۆل. 23:14

**9:5** **«مىسىرنىڭ ئار-نومۇسى»** ــ بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بىزنىڭچە ئۇ مۇنداق ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ـ (1) سۈننەت قىلىنىشى بىلەن ئۇلار بۇتپەرەس مىسىرلىقلارغا ئوخشىمايدىغان بولدى، خۇدانىڭ ئەھدىسىگە باغلانغان كىشىلەردىن بولدى («يار.» 10:17-14نى كۆرۈڭ)؛ (2) مىسىرلىقلار ئەسلىدە ئۇلارنى مازاق قىلىپ: «ئۇلار چۆل-باياۋاندا ئۆلمەي قالمايدۇ» دېگەن بولۇشى مۇمكىن («مىس.» 12:32)؛ ئۇلار ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا كىرىشى بىلەن بۇ مازاق سۆزى يوق بولاتتى؛ (3) ئىسرائىللار ھازىر قۇللۇقتا قېلىش نومۇسلۇقىدىن ئازاد بولغان. **«گىلگال»** ــ «يۇملاش» دېگەن مەنىدە.

**10:5** مىس. 6:12

**11:5** مىس. 39:12؛ لاۋ. 14:2

## يېرىخو شەھىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش

13 ئەمما يەشۇئا يېرىخوغا يېقىن كەلگەندە، بېشىنى كۆتۈرۈپ
قارىۋىدى، مانا ئۇنىڭ ئالدىدا سۇغۇرۇلغان قىلىچنى تۇتۇپ تۇرغان
بىر ئادەم تۇراتتى. يەشۇئا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن: ــ سەن
بىز تەرەپتىمۇ، ياكى دۈشمەنلىرىمىز تەرەپتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
14 ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى مەن پەرۋەردىگارنىڭ
قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى بولۇپ كەلدىم» ــ دېدى.
يەشۇئا يەرگە دۈم يىقىلىپ سەجدە قىلىپ ئۇنىڭغا: ــ رەببىمنىڭ
قۇلىغا نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟ دەپ سورىدى.
15 پەرۋەردىگارنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى يەشۇئاغا: ــ پۇتۇڭدىكى
كەشىڭنى سالغىن، چۈنكى سەن تۇرغان يەر مۇقەددەس جايدۇر،
دېۋىدى، يەشۇئا شۇنداق قىلدى.

6
1 يېرىخو سېپىلىنىڭ قوۋۇق-دەرۋازىلىرى ئىسرائىللارنىڭ
سەۋەبىدىن مەھكەم ئېتىلىپ، ھېچكىم چىقالمايتتى، ھېچكىم
كىرەلمەيتتى.
2 پەرۋەردىگار يەشۇئاغا سۆز قىلىپ: ــ مانا، مەن يېرىخو شەھىرىنى،
پادىشاھىنى ھەمدە باتۇر جەڭچىلىرىنى قولۇڭغا تاپشۇردۇم.
3 ئەمدى سىلەر، يەنى بارلىق جەڭچىلەر شەھەرنى بىر قېتىم ئايلىنىپ
مېڭىڭلار؛ ئالتە كۈنگىچە ھەر كۈنى شۇنداق قىلىڭلار. 4 ھەمدە يەتتە

---

**13:5** مىس. 23:23

**14:5 «يەشۇئا يەرگە دۈم يىقىلىپ سەجدە قىلىپ...»** ــ خېلى روشەنكى، يەشۇئا بۇ زاتنى خۇدانىڭ سۈپىتىدە دەپ بىلىپ سەجدە قىلغاندا، ئۇ زات ئۇنى توسمىدى. كېيىن (2:6) «پەرۋەردىگارنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى» بولغان شۇ زات پەرۋەردىگاردەك سۆزلەيدۇ. بۇ «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ــ خۇدانىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشى بولۇپ، يەنى مەسىھنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئەمەستۇر. «يارىتىلىش» 7:16نى ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**14:5** يار.1:18-3؛ مىس.20:23-22

**15:5** مىس.5:3

كاھىن ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا قوچقار مۈڭگۈزىدىن ئېتىلگەن
يەتتە بۇرغىنى كۆتۈرۈپ ماڭسۇن؛ يەتتىنچى كۈنىگە كەلگەندە سىلەر
شەھەرنى يەتتە قېتىم ئايلىنىسىلەر؛ كاھىنلار بۇرغىلارنى چالسۇن.
5 شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار قوچقار بۇرغىلىرى بىلەن سوزۇپ بىر ئاۋاز
چىقارغىنىدا، بارلىق كىشىلەر بۇرغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قاتتىق
تەنتەنە قىلىپ توۋلىسۇن؛ بۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ سېپىللىرى
تېگىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، ھەربىر ئادەم ئالدىغا قاراپ ئېتىلىپ
كىرىدۇ، ــ دېدى.
6 شۇنىڭ بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا كاھىنلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا:
ــ سىلەر ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ مېڭىڭلار؛ يەتتە كاھىن
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يەتتە قوچقار بۇرغىسىنى
كۆتۈرۈپ ماڭسۇن، دېدى.
7 ئۇ خەلققە: ــ چىقىپ شەھەرنى ئايلىنىڭلار؛ قوراللىق لەشكەرلەر
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا ماڭسۇن، دېدى.
8 يەشۇئا بۇنى خەلققە بۇيرۇغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
يەتتە قوچقار بۇرغىسىنى كۆتۈرگەن يەتتە كاھىن ئالدىغا مېڭىپ
بۇرغىلارنى چالدى؛ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى بولسا ئۇلارنىڭ
كەينىدىن ئېلىپ مېڭىلدى. 9 قوراللىق لەشكەرلەر بۇرغا چېلىۋاتقان
كاھىنلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى؛ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئارقىدىن
قوغدىغۇچى قوشۇن ئەگىشىپ ماڭدى. كاھىنلار ماڭغاچ بۇرغا چالاتتى.

10 يەشۇئا خەلققە بۇيرۇپ: ــ مەن سىلەرگە: «توۋلاڭلار» دېمىگۈچە نە
توۋلىماڭلار، نە ئاۋازىڭلارنى چىقارماڭلار، نە ئاغزىڭلاردىن ھېچبىر
سۆزمۇ چىقمىسۇن؛ لېكىن سىلەرگە «توۋلاڭلار» دېگەن كۈندە، شۇ
چاغدا توۋلاڭلار، ــ دېگەنىدى.
11 شۇ تەرىقىدە ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ
شەھەرنى بىر ئايلاندى. خالايىق چېدىرگاھقا قايتىپ كېلىپ،
چېدىرگاھتا قوندى.

[12] ئەتىسى يەشۇئا تاڭ سەھەردە قوپتى، كاھىنلارمۇ پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى يەنە كۆتۈردى؛ [13] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئالدىدا يەتتە قوچقار بۇرغىسىنى كۆتۈرگەن يەتتە كاھىن ئالدىغا
مېڭىپ توختىماي چېلىپ ماڭاتتى؛ كاھىنلار ماڭغاچ بۇرغا چالغاندا،
قوراللىق لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ئارقىدىن قوغدىغۇچى
قوشۇن ئەگىشىپ ماڭدى.
[14] ئىككىنچى كۈنىمۇ ئۇلار شەھەرنىڭ ئەتراپىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ،
يەنە چېدىرگاھقا يېنىپ كەلدى. ئۇلار ئالتە كۈنگىچە شۇنداق قىلىپ
تۇردى.
[15] يەتتىنچى كۈنى ئۇلار تاڭ سەھەردە قوپۇپ، ئوخشاش ھالەتتە
يەتتە قېتىم شەھەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندى؛ پەقەت شۇ كۈنىلا ئۇلار
شەھەرنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلاندى. [16] يەتتىنچى قېتىم
ئايلىنىپ بولۇپ، كاھىنلار بۇرغا چالغاندا يەشۇئا خەلققە: ــ ئەمدى
توۋلاڭلار! چۈنكى پەرۋەردىگار شەھەرنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى!
[17] لېكىن شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەر پەرۋەردىگارغا
مۇتلەق ئاتالغانلىقى ئۈچۈن سىلەرگە «ھارام»دۇر؛ پەقەت پاھىشە
ئايال راھاب بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆيىدىكىلەرلا ئامان قالسۇن؛ چۈنكى
ئۇ بىز ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمىزنى يوشۇرۇپ قويغانىدى. [18] لېكىن
سىلەر قانداقلا بولمىسۇن «ھارام» دەپ بېكىتىلگەن نەرسىلەردىن
ئۆزۈڭلارنى تارتىڭلار؛ بولمىسا، «ھارام» قىلىنغان نەرسىلەردىن

---

13:6 **«كاھىنلار ماڭغاچ بۇرغا چالغاندا، قوراللىق لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ئارقىدىن قوغدىغۇچى قوشۇن ئەگىشىپ ماڭدى»** ــ ياكى «قوراللىق ئادەملەر بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ئارقىدىن قوغدىغۇچى قوشۇن ئەگىشىپ بۇرغا چالغاچ ماڭدى».

17:6 **«پەرۋەردىگارغا مۇتلەق ئاتالغانلىقى ئۈچۈن سىلەرگە ھارام بولىدۇ»** ــ «ھارام» ئىبرانىي تىلىدا «ھەرەم» (ياكى «خەرەم»). مۇشۇ ئۇقۇم ئىبرانىي تىلىدا پەقەت «پەرۋەردىگارغا «ھەرەم» دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «ھەرەم» دەپ بېكىتىلگەن ھەربىر نەرسە ئادەتتە مۇتلەق ھالاك قىلىنىشى كېرەك (24-ئايەتنى كۆرۈڭ). لېكىن مۇشۇ قېتىم شەھەردىن ئېلىنغان مېتالدىن ياسالغان نەرسىلەر پەرۋەردىگارنىڭ يولىدا ئىشلىتىلىشكە ساقلانسۇن، دەپ بۇيرۇلغانىدى (19-ئايەتنى كۆرۈڭ).

ئېلىشىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى هارام قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ
چېدىرگاھىنىمۇ هارام قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپەت چۈشۈرىسىلەر.
[19] ئەمما بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن بولغان نەرسىلەر
بولسا پەرۋەردىگارغا مۇقەددەس قىلىنسۇن؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ
خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلسۇن، ــ دېدى.
[20] شۇنىڭ بىلەن خەلق تۇۋلىشىپ، كاھىنلار بۇرغا چالدى. شۇنداق
بولدىكى، خەلق بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا ئىنتايىن قاتتىق
تۇۋلىۋىدى، سېپىل تېگىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشتى؛ خەلق ئۇنىڭ ئۈستىدىن
ئۆتۈپ، ھەربىرى ئۆز ئالدىغا ئاتلىنىپ كىرىپ، شەھەرنى ئىشغال
قىلدى. [21] ئۇلار ئەر-ئايال بولسۇن، قېرى-ياش بولسۇن، قوي-كالا ۋە
ئېشەكلەر بولسۇن شەھەر ئىچىدىكى ھەممىنى قىلىچلاپ يوقاتتى.
[22] يەشۇئا ئۇ زېمىننى چارلاپ كەلگەن ئىككى ئادەمگە: ــ سىلەر ئۇ
پاھىشە خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا بەرگەن قەسىمىڭلار
بويىچە ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ
چىقىڭلار، دېدى.
[23] شۇنىڭ بىلەن ئىككى چارلىغۇچى ياش يىگىت كىرىپ، راھابنى ئاتا-
ئانىسى بىلەن قېرىنداشلىرىغا قوشۇپ ھەممە نەرسىلىرى بىلەن
ئېلىپ چىقتى؛ ئۇلار ئۇنىڭ بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ،
ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ چېدىرگاھىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويدى. [24] خالايىق شەھەرنى ۋە شەھەر ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى
ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. پەقەت ئالتۇن-كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن
بولغان قاچا-قۇچا ئەسۋابلارنى يىغىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ
خەزىنىسىگە ئەكىرىپ قويدى.
[25] لېكىن يەشۇئا پاھىشە ئايال راھابنى، ئاتا جەمەتىدىكىلەرنى ۋە
ئۇنىڭغا تەۋە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تىرىك ساقلاپ قالدى؛

**19:6** چۆل. 54:31

**20:6** ئىبر. 30:11

**22:6** يە. 14:2؛ ئىبر. 31:11

ئۇ بۈگۈنگىچە ئىسرائىل ئارىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ؛ چۈنكى ئۇ يەشۇئا
يېرىخونى چارلاشقا ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى يوشۇرۇپ قويغانىدى.
[26] ئۇ چاغدا يەشۇئا ئاگاھ-بېشارەت بېرىپ: ــ بۇ يېرىخو شەھىرىنى
قايتىدىن ياساشقا قوپقان كىشى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قارغىش
ئاستىدا بولىدۇ؛ ئۇ شەھەرنىڭ ئۇلىنى سالغاندا تۇنجى ئوغلىدىن
ئايرىلىدۇ، شەھەرنىڭ قوۋۇقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان چاغدا
كىچىك ئوغلىدىنمۇ ئايرىلىدۇ، ــ دېدى.
[27] پەرۋەردىگار يەشۇئا بىلەن بىللە ئىدى؛ ئۇنىڭ نام-شۆھرىتى پۈتكۈل
زېمىنغا كەڭ تارقالدى.

## ئاقاننىڭ گۇناھ قىلىپ ئىسرائىل ئۈستىگە ئاپەت چۈشۈرۈشى

7 [1] لېكىن ئىسرائىل «ھارام» نەرسىلەر ئۈستىدە ئىتائەتسىزلىك
قىلدى؛ چۈنكى يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان زەراھنىڭ ئەۋرىسى،
زابدىنىڭ نەۋرىسى، كارمىنىڭ ئوغلى ئاقان دېگەن كىشى ھارام دەپ
بېكىتىلگەن نەرسىلەردىن ئالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ
غەزىپى ئىسرائىلغا قوزغالدى.
[2] يەشۇئا يېرىخودىن بەيت-ئەلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بەيت-ئاۋەننىڭ
يېنىدا بولغان ئايى شەھىرىگە بىرنەچچە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارغا: ــ
ئۇ يەرگە چىقىپ ئۇ زېمىننى چارلاپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ئادەملەر چىقىپ ئايى زېمىنىنى چارلاپ كەلدى. [3] ئۇلار قايتىپ
كېلىپ، يەشۇئاغا: ــ ھەممە خەلقنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىنىڭ ھاجىتى
يوق ئىكەن، ئىككى-ئۈچ مىڭچە ئادەم بولسىلا ئايىغا ھۇجۇم قىلىپ

26:6 **«ئۇ چاغدا يەشۇئا ئاگاھ-بېشارەت بېرىپ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: - «ئۇ چاغدا يەشۇئا قەسەم ئىچىپ...». لېكىن بىزنىڭچە يەشۇئانىڭ سۆزى قەسەم ئەمەس. **«... شەھەرنىڭ قوۋۇقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان چاغدا كىچىك ئوغلىدىنمۇ ئايرىلىدۇ»** ــ بۇ بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى «1پاد.» 34:16دە خاتىرىلىنىدۇ.

**26:6** 1پاد. 34:16

**1:7** يە. 20:22؛ 1تار. 7:2

ئۇنى ئىگىلىيەلەيدۇ؛ ئۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر ئاز بولغاچقا،
پۈتكۈل خەلقنى ئاۋارە قىلىپ ئۇ يەرگە ئەۋەتمىگىن، ــ دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن خەلقتىن ئۈچ مىڭچە كىشى ئۇ يەرگە چىقتى؛ لېكىن بۇلار
ئايىنىڭ ئادەملىرى ئالدىدىن قېچىپ كېتىشتى. [5] ئايىنىڭ ئادەملىرى
ئۇلاردىن ئوتتۇز ئالتىچە كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى؛ قالغانلارنى سېپىل
قوۋۇقىنىڭ ئالدىدىن شېبارىمغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى
داۋاندا ئۇلارنى ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلدى. ئاندىن خەلقنىڭ يۈرىكى سۇ
بولۇپ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. [6] يەشۇئا كىيىملىرىنى يىرتىپ،
ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئالدىدا يەرگە دۈم يىقىلىپ، باشلىرىغا توپىلارنى چېچىپ، ئۇ يەردە
كەچ كىرگۈچە يېتىپ قالدى. [7] يەشۇئا: ــ ئاھ، رەب پەرۋەردىگار، سەن
بىزنى ئامورىيلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ھالاك قىلىش ئۈچۈن، بۇ
خەلقنى نېمىشقا ئىئوردان دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزگەنسەن؟
بىز ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇۋەرگەن بولساق بوپتىكەن!
[8] ئەي رەببىم! ئىسرائىل ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدىن بۇرۇلۇپ
قاچقان يەردە مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ [9] قانائانىيلار، شۇنداقلا زېمىندا
بارلىق تۇرۇۋاتقانلار بۇنى ئاڭلىسا بىزنى قاپسىۋېلىپ يەر يۈزىدىن
نامىمىزنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ؛ شۇ چاغدا سەن ئۇلۇغ نام-شۆھرىتىڭ
ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىسەن؟! ــ دېدى.
[10] لېكىن پەرۋەردىگار يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ــ «ئورنۇڭدىن
قوپ! نېمىشقا شۇنداق دۈم ياتىسەن؟ [11] ئىسرائىل گۇناھ قىلدى! ئۇلار
يەنە مەن ئۇلارغا تاپىلىغان ئەھدەمگە خىلاپلىق قىلىپ، ھارام دەپ
بېكىتىلگەن نەرسىلەردىن ئېلىپ، ئوغرىلىق قىلىپ، ئالدامچىلىق
قىلىپ ھەم ھارام بېكىتىلگەننى ئۆز ماللىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ
قويدى. [12] شۇڭا ئىسرائىللار دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرالمايدۇ؛
ئۇلار ئۆزلىرىنى «ھارام» قىلىپ بېكىتىپ، مۇتلەق يوقىتىلىشقا

5:7 **«...قالغانلارنى سېپىل قوۋۇقىنىڭ ئالدىدىن شېبارىمغىچە»** ــ ياكى «قالغانلارنى سېپىل قوۋۇقىنىڭ ئالدىدىن «دەزلەر» دېگەن جايغىچە».

يۇزلەنگەچكە، دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدىن بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قاچىدۇ. ئەگەر سىلەر «هارام» دەپ بېكىتىلگەننى ئاراڭلاردىن تامامەن يوق قىلمىساڭلار، مۇندىن كېيىن مەن سىلەر بىلەن بىللە بولمايمەن.
[13] ئەمدى سەن تۇرۇپ خەلقنى پاك-مۇقەددەس قىلىپ ئۇلارغا: ــ «ئەتە ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى پاك قىلىڭلار؛ چۈنكى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ ئەي ئىسرائىل، سەندە «هارام» دەپ بېكىتىلگەن نەرسە باردۇر؛ بۇ هارام نەرسىنى ئاراڭلاردىن يوق قىلمىغۇچىلىك دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئالدىدا تىك تۇرالمايسىلەر.
[14] ئەتە سەھەردە سىلەر قەبىلە بويىچە هازىر قىلىنىسىلەر؛ شۇنداق بولىدۇكى، پەرۋەردىگار بېكىتكەن قەبىلە جەمەت-جەمەتى بويىچە بىردىن-بىردىن ئالدىغا كەلسۇن؛ پەرۋەردىگار بېكىتكەن جەمەت ئائىلە-ئائىلە بويىچە بىردىن-بىردىن هازىر بولۇپ ئالدىغا كەلسۇن؛ ئاندىن پەرۋەردىگار بېكىتكەن ئائىلىدىكى ئەركەكلەر بىردىن-بىردىن ئالدىغا كېلىپ هازىر بولسۇن. [15] شۇنداق بولىدۇكى، هارام دەپ بېكىتىلگەن نەرسىنى ئۆز يېنىدا ساقلىغان كىشى تېپىلغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەم شۇنداقلا ئىسرائىل ئىچىدە رەزىللىك سادىر قىلغىنى ئۈچۈن ئۇ ۋە ئۇنىڭغا بارلىق تەۋە بولغانلار ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن، ــ دەيدۇ»، دەپ ئېيتقىن».
[16] يەشۇئا ئەتىسى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ ئىسرائىلنى ئالدىغا يىغىپ، قەبىلە-قەبىلىنى هازىر قىلىۋىدى، يەھۇدا قەبىلىسى بېكىتىلدى؛ [17] ئۇ يەھۇدانىڭ جەمەتلىرىنى هازىر قىلىۋىدى، زارھىيلار جەمەتى بېكىتىلدى. ئۇ زارھىيلار جەمەتىنى ئائىلە-ئائىلە بويىچە ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى، زابدى دېگەن كىشى بېكىتىلدى. [18] زابدى ئۆز

14:7 **«پەرۋەردىگار بېكىتكەن قەبىلە جەمەت-جەمەتى بويىچە بىردىن-بىردىن ئالدىغا كەلسۇن...»** ــ خۇدا قايسى يول بىلەن گۇناھكار قەبىلىنى كۆرسەتكەنلىكى مۇشۇ يەردە ئايان قىلىنمايدۇ؛ شۈبھىسىزكى، كۆرسىتىش يولى چەك تاشلاش ياكى باش كاھىن كۆتۈرگەن «ئۇرىم ۋە تۇممىم» ئارقىلىق بولغان بولسا كېرەك.

17:7 **«زارھىيلار جەمەتى»** ــ ياكى «زارھىيلار». «زارھىيلار» دېگەن «زەراھلار»نىڭ باشقا بىر شەكلى (7:1نى كۆرۈڭ).

ئائىلىسىدىكى ئەركەكلەرنى بىردىن-بىردىن ھازىر قىلىۋىدى، يەھۇدا قەبىلىسىدىن زەراھنىڭ ئەۋلادى، زابدىنىڭ نەۋرىسى، كارمىنىڭ ئوغلى ئاقان بېكىتىلدى.
[19] شۇنىڭ بىلەن يەشۇئا ئاقانغا: ــ ئەي ئوغلۇم، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا شان-شەرەپنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قىلغانلىرىڭنى ئىقرار قىلغىن؛ مەندىن ھېچنېمىنى يوشۇرماي، قىلغىنىڭنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئېيتقىن، دېدى.
[20] ئاقان يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن دەرۋەقە ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ قىلىپ، مۇنداق-مۇنداق قىلدىم: [21] مەن ئولجىنىڭ ئارىسىدىن شىناردا چىققان چىرايلىق بىر تونغا، ئىككى يۈز شەكەل كۈمۈش، ئەللىك شەكەل ئېغىرلىقتىكى ئالتۇن تاختىغا كۆزۈم قىزىرىپ ئۇلارنى ئېلىۋالدىم. مانا، بۇ نەرسىلەرنى چېدىرىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرگە كۆمۈپ قويدۇم، كۈمۈش ئۇلارنىڭ ئاستىدا، ــ دېدى.
[22] شۇلارنى دېۋىدى، يەشۇئا ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى، ئۇلار چېدىرغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە مانا، نەرسىلەر دەرۋەقە چېدىردا يوشۇرۇقلۇق بولۇپ، كۈمۈش بۇلارنىڭ ئاستىدا ئىدى. [23] ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى چېدىردىن ئېلىپ چىقىپ يەشۇئاغا، شۇنداقلا بارلىق ئىسرائىللارنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا قويدى. [24] ئاندىن يەشۇئا بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى قوپۇپ زەراھنىڭ ئوغلى ئاقاننى، كۈمۈش، تون ۋە ئالتۇن تاختا بىلەن قوشۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن قىزلىرىنى، ئۇيلىرى بىلەن ئېشەكلىرى، قويلىرى، چېدىرى بىلەن بارلىق تەۋەلىكلىرىنى ئېلىپ ئاقور جىلغىسىغا كەلتۈردى.

---

18:7 **«زەراھنىڭ ئەۋلادى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «زەراھنىڭ ئوغلى».

19:7 **«پەرۋەردىگارغا شان-شەرەپنى قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قىلغانلىرىڭنى ئىقرار قىلغىن»** ــ ئاقاننىڭ قىلغانلىرىنى ئىقرار قىلغىنىنىڭ ئۆزى خۇداغا شان-شەرەپنى قايتۇرۇشنى بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئىش خۇدانىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولغىنىنى خالايىق ئالدىدا كۆرسىتىدىغان ئىشتۇر.

21:7 **«شىنار»** ــ بابىلنىڭ باشقا بىر نامىدۇر.

[25] يەشۇئا ئاقانغا: ــ سەن بىشىمىزغا قانچىلىك ئاپەت كەلتۈردۈڭ!
مانا، بۈگۈن پەرۋەردىگار سېنىڭ ئۈستۈڭگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ، ــ
دېدى. ئاندىن پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى ئۇنى چالما-كېسەك
قىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ چالما-كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ھەممىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتتى. [26] ئاندىن خالايىق
بىر چوڭ دۆۋە تاشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويىدى. بۈگۈنگە قەدەر
ئۇ ئۇ يەردە تۇرماقتا. بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ياندى.
شۇنىڭ بىلەن شۇ يەرگە «ئاپەت جىلغىسى» «(ئاقور جىلغىسى)» دەپ
نام قويۇلدى ۋە بۇ كۈنگىچە شۇنداق ئاتالماقتا.

## ئىسرائىلنىڭ ئايى شەھرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى

8 [1] پەرۋەردىگار يەشۇئاغا: ــ سەن ھېچ قورقما، ھەم ھودۇقمىغىن.
تۇرۇپ، بارلىق جەڭچىلەرنى ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىپ، ئايى شەھىرىگە
چىققىن. مانا، مەن ئايىنىڭ پادىشاھى، خەلقى، شەھىرى ۋە زېمىنىنى
قوشۇپ سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇردۇم. [2] سەن يېرىخو بىلەن ئۇنىڭ
پادىشاھىغا قانداق قىلغان بولساڭ ئايى شەھىرى بىلەن ئۇنىڭ
پادىشاھىغىمۇ شۇنداق قىلىسەن. پەقەت سىلەر بۇ قېتىم شەھەردىن
ئولجا ۋە چارۋىلارنى ئالساڭلار بولىدۇ. ئەمدى سەن شەھەرنىڭ كەينى
تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىشقا پىستىرما قويغىن، ــ دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن، يەشۇئا بىلەن ھەممە جەڭچىلەر قوزغىلىپ، ئايىغا
ھۇجۇم قىلىشقا چىقتى. يەشۇئا ئوتتۇز مىڭ باتۇر جەڭچىنى ئىلغاپ

---

25:7 **«...ئىسرائىل جامائىتى ئاقاننى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگەن...»** ــ ئاقاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر چالما-كېسەك قىلىندى؛ چۈنكى ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ گۇناھىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ توغرۇلۇق جىم تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا شېرىك بولۇپ قالغان.

26:7 **«ئاپەت جىلغىسى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئاقور جىلغىسى».

**1:8** قان. 21:1؛ 18:7

**2:8** قان. 14:20؛ يە. 21:6

كېيىندە ئۇلارنى ماڭدۇردى 4 ۋە ئۇلارغا مۇنداق تاپىلىدى: ــ «سىلەر
ئاگاھ بولۇپ، شەھەردىن بەك نېرى كەتمەي شەھەرنىڭ كەينىدە
مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ھەممىڭلار بۆكتۈرمە ھۇجۇمغا تەييار تۇرۇڭلار.
5 مەن ئۆزۈم بىلەن قالغان ھەممە كىشىلەرنى ئېلىپ شەھەرگە يېقىن
بارىمەن؛ شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار بالدۇرقىدەك ئالدىمىزغا چىقىپ
ھۇجۇم قىلغاندا، بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قاچىمىز؛ 6 ئۇلار جەزمەن
بىزنىڭ كەينىمىزدىن قوغلايدۇ؛ ئۇلار: «ئىسرائىللار بالدۇرقىدەك
ئالدىمىزدىن قېچىپ كەتتى» دەپ ئويلايدۇ، بىز ئۇلارنى ئازدۇرۇپ
شەھەردىن يىراق ئېلىپ چىقىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ
ئالدىدىن قاچىمىز. 7 ئۇ ۋاقىتتا سىلەر بۆكتۈرمىدىن قوپۇپ چىقىپ،
شەھەرنى ئىشغال قىلىڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار بۇ
شەھەرنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇرىدۇ. 8 شەھەرنى ئىشغال
قىلغاندىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئۇ شەھەرنى
ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار. مانا، مەن سىلەرگە ئەمر بەردىم».
9 يەشۇئا ئۇلارنى يولغا سالدى، ئۇلار بېرىپ بەيت-ئەل بىلەن ئاينىڭ
ئوتتۇرىسىدا، ئاينىڭ غەرب تەرىپىدە بۆكتۈرمە سېلىپ ماراپ ئولتۇردى.
يەشۇئا بولسا ئۇ كېچىسى خەلقنىڭ ئارىسىدا قوندى. 10 ئەتىسى سەھەر
يەشۇئا قوپۇپ، خەلقنى يىغىپ تەكشۈردى؛ ئاندىن ئۇ ئىسرائىلنىڭ
ئاقساقاللىرى بىلەن بىللە خەلقنىڭ ئالدىدا ئايغا قارشى ماڭدى.
11 ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ھەممە جەڭچىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىپ،
شەھەرنىڭ ئالدىغا يېقىن بېرىپ، ئاينىڭ شىمال تەرىپىدە چېدىر
تىكتى. ئۇلار چۈشكەن جاي بىلەن ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر جىلغا
بار ئىدى. 12 يەشۇئا بەش مىڭچە ئادەمنى تاللاپ ئېلىپ بېرىپ، بەيت-
ئەل بىلەن ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە بۆكتۈرمە
تۇرغۇزغانىدى. 13 شۇنداق قىلىپ، بارلىق خەلق، يەنى شەھەرنىڭ شىمال
تەرىپىدىكى بارگاھتىكى قوشۇن بىلەن غەرب تەرىپىدىكى پىستىرما
قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇندى. شۇ كېچىسى يەشۇئا ئۆزى جىلغىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. 14 ئاينىڭ پادىشاھى شۇ ئەھۋالنى كۆردى ۋە

شەھەردىكىلەر ئالدىراپ سەھەر قوپۇشتى؛ پادىشاھ بىلەن بارلىق
خەلقى ئىسرائىل بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئاراباھ
تۈزلەڭلىكىگە چىقتى. لېكىن پادىشاھنىڭ شەھەرنىڭ كەينىدىكى
پىستىرما قوشۇندىن خەۋىرى يوق ئىدى. [15] يەشۇئا بىلەن بارلىق
ئىسرائىل بولسا ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن يېڭىلگەنگە سېلىپ، چۆل تەرەپكە
قاچتى. [16] شەھەردە بار خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى قوغلاشقا چاقىرىلدى؛
ئۇلار كېلىپ يەشۇئانى قوغلىغاندا، ئۇلار ئازدۇرۇلۇپ شەھەردىن يىراق
قىلىندى. [17] ئاي بىلەن بەيت-ئەلنىڭ ئىچىدە ئىسرائىلنى قوغلاشقا
چىقمىغان ھېچبىر ئەر كىشى قالمىدى؛ ئۇلار شەھەرنى ئوچۇق قويۇپ،
ھەممىسى ئىسرائىلنى قوغلاپ چىقىپ كەتتى.
[18] ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار يەشۇئاغا: — قولۇڭدىكى نەيزىنى ئايغا
قارىتىپ ئۇزاتقىن؛ چۈنكى مەن ئۇنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇردۇم، —
دېۋىدى، يەشۇئا قولىدىكى نەيزىنى شەھەرگە قارىتىپ ئۇزاتتى. [19] ئۇ
قولىدىكى نەيزىنى ئۇزاتقان ھامان پىستىرمىدا ياتقانلار جايىدىن
تېزلا چىقىپ، يۈگۈرگىنىچە شەھەرگە ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇنى ئىشغال
قىلىپ شۇئان ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى.
[20] ئاينىڭ ئادەملىرى بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، مانا شەھەردىن ئاسمان-
پەلەك ئۆرلەۋاتقان تۈتۈننى كۆردى، يا ئۇ ياققا يا بۇ ياققا قاچايلى
دېسە، ھېچ ھالى قالمىغانىدى؛ چۆل تەرەپكە قاچقان ئىسرائىللار
بۇرۇلۇپ ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا ھۇجۇم قىلدى. [21] يەشۇئا
بىلەن بارلىق ئىسرائىل پىستىرما قوشۇننىڭ شەھەرنى ئېلىپ
بولغانلىقىنى، شۇنداقلا شەھەردىن تۈتۈننىڭ ئۆرلەپ چىققىنىنى
كۆرۈپ، يېنىپ كېلىپ، ئاينىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگىلى تۇردى.
[22] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەھەرنى ئالغانلارمۇ شەھەردىن
چىقىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسرائىللارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا، بەزىلىرى بۇ تەرەپتىن، بەزىلىرى ئۇ تەرەپتىن قاپسىلىپ

**14:8 «بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا»** — بەلكىم بەيت-ئەلدىكىلەر بىلەن پۈتۈشكەن مەلۇم بىر ۋاقىت بولۇشى مۇمكىن (17-ئايەتنى كۆرۈڭ). باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «بەلگىلەنگەن جايدا».

## يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ قانائاننىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ھەربىي يۈرۈشلىرى




قالدى. ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قويماي، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.
[23] ئۇلار ئايىنىڭ پادىشاھىنى تىرىك تۇتۇپ، يەشۇئانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. [24] ئىسرائىل دالادا ئۇچرىغان بارلىق ئايىلىقلارنى، يەنى ئۆزلىرىنى چۆلگىچە قوغلاپ كەلگەنلەرنى قىرىپ يوقاتقاندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلىچلىنىپ يوقىتىلغانىدى)، بارلىق ئىسرائىل ئايغا يېنىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكىلەرنى قىلىچلاپ ئۆلتۈردى. [25] شۇنداق بولدىكى، شۇ كۈندە ئۆلتۈرۈلگەن ئەر-ئاياللار، يەنى ئايىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئون ئىككى مىڭ ئادەم ئىدى. [26] چۈنكى يەشۇئا ئايدا تۇرۇۋاتقان ھەممە ئادەم يوقىتىلمىغۇچە قولىدىكى ئۇزۇتۇپ تۇرغان نەيزىسىنى يىغمىغانىدى. [27] ھالبۇكى، پەرۋەردىگارنىڭ يەشۇئاغا بۇيرۇغان سۆزى بويىچە ئىسرائىللار شەھەردىكى چارپاي بىلەن

22:8 قان. 2:7

ئۆلجىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالدى. [28] ئاندىن يەشۇئا ئايى شەھىرىنى
كۆيدۈرۈپ، ئۇنى ئەبەدگىچە خارابىلىك دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى؛
تاكى بۈگۈنگىچە ئۇ شۇنداق تۇرماقتا.
[29] ئاينىڭ پادىشاھىنى بولسا، ئۇ بىر دەرەخقە ئاستۇرۇپ، ئۇ يەردە
كەچكىچە تۇرغۇزدى. كۈن پاتقاندا يەشۇئا ئەمر قىلىۋىدى، كىشىلەر
ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى دەرەختىن چۈشۈرۈپ، ئۇنى شەھەرنىڭ قوۋۇقىنىڭ
ئالدىغا تاشلاپ، ئۈستىگە چوڭ بىر دۆۋە تاشنى دۆۋىلىۋەتتى؛ بۇ تاش
دۆۋىسى بۈگۈنگىچە تۇرماقتا.

## ئىسرائىلنىڭ ئۆزلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدىسىگە قايتىدىن باغلىشى

[30] ئاندىن يەشۇئا ئېبال تېغىدا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا
قۇربانگاھ ياسىدى. [31] پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى مۇسانىڭ ئىسرائىلغا
بۇيرۇغىنى بويىچە، مۇساغا نازىل قىلىنغان قانۇن كىتابىدا
پۈتۈلگەندەك، قۇربانگاھ ھېچبىر تۆمۈر ئەسۋاب تەگكۈزۈلمىگەن
پۈتۈن تاشلاردىن ياسالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە خەلق پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى سۇنۇپ
تۇردى. [32] شۇ يەردە يەشۇئا ئۇنىڭ تاشلىرىنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل
ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا مۇسا پۈتكەن قانۇننى كۆچۈرۈپ پۈتۈپ
قويدى. [33] ئاندىن پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى،
ئەمەلدارلىرى بىلەن ھاكىملىرى، مەيلى مۇساپىرلار بولسۇن ياكى
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇغۇلغانلار بولسۇن، ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن
كاھىنلار بولغان لاۋىيلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇردى؛ پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى

---

**27:8** چۆل. 22:31، 26؛ يە. 2:8
**29:8** قان. 22:21، 23
**31:8** مىس. 25:20؛ قان. 4:27
**32:8** قان. 3:27

مۇسانىڭ دەسلەپتە بۇيرۇغىنى بويىچە، ئىسرائىللارنىڭ بەخت-
بەرىكىتىنى تىلەشكە خەلقنىڭ يېرىمى گەرىزىم تېغى ئالدىدا، يەنە
بىر يېرىمى ئېبال تېغى ئالدىدا تۇردى.
[34] ئاندىن يەشۇئا قانۇن كىتابىدا پۈتۈلگەننىڭ ھەممىسىگە
مۇۋاپىق قانۇندىكى ھەممە سۆزلەرنى، جۇملىدىن بەخت-بەرىكەت
سۆزلىرى ۋە لەنەت سۆزلىرىنى ئوقۇپ بەردى. [35] يەشۇئا بۇلارنى پۈتكۈل
ئىسرائىل جامائىتىگە، جۇملىدىن ئاياللار، باللار ۋە ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارغا ئوقۇپ بەردى؛ مۇسانىڭ بارلىق
بۇيرۇغانلىرىدىن ھېچبىر سۆزنى قالدۇرمىدى.

## گىبېئونلۇقلارنىڭ ئىسرائىلنى ئالداپ قويۇشى

9 [1] ئەمدى شۇنداق بولدىكى، ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەرب
تەرىپىدىكى، يەنى تاغلىق رايوندىكى، شەفەلاھ ئويمانلىقىدىكى،
ئۇلۇغ دېڭىز بويىدىكى، لىۋاننىڭ ئۇدۇلىغىچە سوزۇلغان بارلىق
يۇرتلاردىكى پادىشاھلار ۋە شۇنىڭدەك ھىتتىيلار، ئامورىيلار،
قانائانىيلار، پەرىززىيلەر، ھىۋىيلار، يەبۇسىيلارنىڭ پادىشاھلىرى
بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندا، [2] ھەممىسى بىر بولۇپ يەشۇئا بىلەن
ئىسرائىلغا قارشى جەڭ قىلغىلى ئىتتىپاقلاشتى.
[3] ئەمما گىبېئون ئاھالىلىرى يەشۇئانىڭ يېرىخو بىلەن ئايغا نېمە
قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا، [4] ئۇلار ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنى
ئۆزۈن سەپەردە بولغاندەك كۆرسىتىپ، ئېشەكلەرگە كونا تاغار-خۇرجۇن

---

33:8 **«ئاندىن پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى... ھەممىسى ... كاھىنلار بولغان لاۋىيلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇردى؛ ... خەلقنىڭ يېرىمى گەرىزىم تېغى ئالدىدا، يەنە بىر يېرىمى ئېبال تېغى ئالدىدا تۇردى»** — بۇ ئىشنى خۇدا ئىلگىرى ئىسرائىلغا بېكىتكەن («قان.» 29:11 ۋە 27-28-بابلارنى كۆرۈڭ).

35:8 قان. 11:31

1:9 **«ئۇلۇغ دېڭىز»** — ھازىرقى «ئوتتۇرا دېڭىز»دۇر.

بىلەن كونا، يىرتىق-ياماق شاراب تۇلۇملىرىنى ئارتىپ، [5] پۇتلىرىغا
ياماق چۈشكەن كونا كەشلەرنى كىيىپ، كونا جۇل-جۇل ئىگىنلەرنى
ئۇستىگە ئورىغان ئىدى؛ ئۇلار سەپەرگە ئالغان نانلارنىڭ ھەممىسى
پاختىلىشىپ قۇرۇپ كەتكەنىدى. [6] ئۇلار گىلگال چېدىرگاھىغا بېرىپ
يەشۇئانىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللارغا: — بىز يىراق
يۇرتتىن كەلدۇق؛ بىز بىلەن ئەھدە تۈزسەڭلار، دېدى.
[7] لېكىن ئىسرائىللار ھىۋىيلارغا جاۋاب بېرىپ: — سىلەر بىزنىڭ
ئارىمىزدا تۇرۇۋاتقان مۇشۇ يەرلىكلەر بولۇشۇڭلار مۇمكىن؛ ئۇنداقتا
بىز سىلەر بىلەن قانداقمۇ ئەھدە تۈزىمىز؟ — دېدى.
[8] ئۇلار يەشۇئاغا: — بىز سىنىڭ قۇللىرىڭمىز، دېدى. يەشۇئا ئۇلاردىن:
— سىلەر كىم، قەيەردىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.
[9] ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: — سىنىڭ قۇللىرىڭ بولسا پەرۋەردىگار
خۇدايىڭنىڭ نامىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى يىراق يۇرتتىن
كەلدى. چۈنكى بىز ئۇنىڭ نام-شۆھرىتىنى ۋە ئۇنىڭ مىسىردا قىلغان
ھەممە ئىشلىرىنى، [10] شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى
ئامورىيلارنىڭ ئىككى پادىشاھى، يەنى ھەشبوننىڭ پادىشاھى
سىھون بىلەن ئاشتاروتتا تۇرۇۋقلۇق باشاننىڭ پادىشاھى ئوگقا
نېمە قىلغىنىنى ئاڭلىدۇق. [11] شۇڭا ئاقساقاللىرىمىز بىلەن يۇرتتا
تۇرغۇچى ھەممە خەلق بىزگە سۆز قىلىپ: — قولۇڭلارغا سەپەرگە
لازىملىق ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ، بېرىپ ئىسرائىللار بىلەن كۆرۈشۈپ
ئۇلارغا: «بىز سىلەرنىڭ قۇللۇقۇڭلاردا بولىمىز؛ شۇڭا بىز بىلەن
ئەھدە تۈزۈڭلار»، دەڭلار، دەپ بىزنى ئەۋەتتى. [12] سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا
قاراپ يولغا چىققان كۈنىدە بىز سەپىرىمىز ئۈچۈن ئۆيىمىزدىن ئالغان
نان ئىسسىق ئىدى، مانا ھازىر ئۇ قۇرۇپ، پاختىلىشىپ كېتىپتۇ. [13] بۇ

**4:9 «ئۆزلىرىنى ئۆزۈن سەپەردە بولغاندەك كۆرسىتىپ...»** — ياكى «ئۆزلىرىنى ئەلچىلەر قىلىپ كۆرسەتكەن،...» ياكى «بىرمۇنچە ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلىغان،...».

**5:9 «سەپەرگە ئالغان نانلار... قۇرۇپ كەتكەنىدى»** — ياكى «سەپەرگە ئالغان نانلار... ئۇۋۇلىپ كەتكەنىدى».

**10:9** چۆل. 24:21، 33؛ قان. 4:1

شاراب تۇلۇملىرى بولسا شاراب قاچىلىغاندا يېڭى ئىدى، مانا ئەمدى
يىرتىلىپ كېتىپتۇ. بىز كىيگەن بۇ كىيىملەر ۋە كەشلەر سەپەرنىڭ
ئىنتايىن ئۇزۇنلۇقىدىن كونىراپ كەتتى، ــ دېدى.
[14] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىدىن ئازراق ئالدى،
لېكىن پەرۋەردىگاردىن يول سورىمىدى.
[15] شۇنداق قىلىپ، يەشۇئا ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، ئۇلارنى تىرىك
قويۇشقا ئۇلار بىلەن ئەھد باغلىدى؛ جامائەت ئەمىرلىرىمۇ ئۇلارغا
قەسەم قىلىپ بەردى.
[16] ئۇلار ئەھدە باغلىشىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، بۇ خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە
قوشنا ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەنلىكى
ئۇلارغا مەلۇم بولدى. [17] ئىسرائىللار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ
ئۈچىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىگە يېتىپ كەلدى؛ ئۇلارنىڭ
شەھەرلىرى گىبېئون، كەفىراھ، بەئەروت بىلەن كىرىئات-يېئارىم
ئىدى. [18] جامائەتنىڭ ئەمىرلىرى ئىلگىرى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۇلارغا قەسەم قىلغان بولغاچقا،
ئىسرائىللار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جامائەت
ئەمىرلەر ئۈستىدىن غوتۇلداشقىلى تۇردى. [19] لېكىن ئەمىرلەرنىڭ
ھەممىسى پۈتكۈل جامائەتكە: ــ بىز ئۇلارغا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ بەرگەچكە، ئۇلارغا قول
تەگكۈزەلمەيمىز. [20] بىز ئۇلارغا قىلغان قەسىمىمىز تۈپەيلىدىن،
ئۈستىمىزگە غەزەپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى تىرىك قالدۇرۇشىمىز
كېرەك؛ ئۇلارغا شۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ، دېدى. [21] ئاندىن ئەمىرلەر
جامائەتكە يەنە: ــ ئۇلارنى تىرىك قويۇڭلار؛ ھالبۇكى، ئۇلار پۈتكۈل
جامائەت ئۈچۈن ئوتۇن يارغۇچى ۋە سۇ توشۇغۇچىلار بولىدۇ، دېدى. بۇ
ئىش ئەمىرلەر جامائەتكە دېگەندەك بولدى.
[22] ئۇ ۋاقىتتا يەشۇئا ئۇلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا: ــ سىلەر ئارىمىزدىكى

---

14:9 **«ئۇلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىدىن ئازراق ئالدى»** ــ بەلكىم ئۇلارنىڭ سۆزلىرى راست-يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئوزۇق-تۈلۈكتىن ئازراق ئېلىپ تېتىپ باققان بولۇشى مۇمكىن.

يەرلىكلەر تۇرۇپ، نېمىشقا بىز يىراقتىن كەلدۇق، دەپ بىزنى
ئالدىدىڭلار؟ [23] بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئەمدى لەنەتكە قېلىپ، ئاراڭلاردا
خۇدايىمنىڭ ئۆيى ئۈچۈن ئوتۇن يارىدىغان ۋە سۇ توشۇيدىغان قۇل
بولۇشتىن بىرەر ئادەممۇ مۇستەسنا بولمايدۇ، ــ دېدى.
[24] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ: ــ پەرۋەردىگار
خۇدايىڭنىڭ ئۆز قۇلى بولغان مۇساغا ئەمر قىلىپ، بارلىق زېمىننى
سىلەرگە بېرىشكە، شۇنداقلا زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى
ئالدىڭلاردىن يوقىتىشقا ۋەدە قىلغانلىقى قۇللىرىڭ بولغان پېقىرلارغا
ئېنىق مەلۇم قىلىندى؛ شۇڭا بىز سىلەرنىڭ تۈپەيلىڭلاردىن
جېنىمىزدىن جەزمەن ئايرىلىپ قالىمىز دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، بۇ
ئىشنى قىلىپ سالدۇق. [25] ئەمدى بىز قولۇڭغا چۈشتۇق؛ نەزىرىڭگە
نېمە ياخشى ۋە دۇرۇس كۆرۈنسە شۇنى قىلغىن، ــ دېدى.

[26] يەشۇئا ئەنە شۇنداق قىلىش بىلەن ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزدى؛ ئىسرائىللار ئۇلارنى ئۆلتۈرمىدى. [27] لېكىن شۇ كۈنى يەشۇئا
پەرۋەردىگار تاللايدىغان جايدا جامائەت ئۈچۈن ۋە پەرۋەردىگارنىڭ
قۇربانگاھى ئۈچۈن ئۇلارنى ئوتۇن يارغۇچىلار ۋە سۇ توشۇغۇچىلار دەپ
بېكىتتى. ئۇلار بۈگۈنگە قەدەر شۇنداق قىلىپ كەلمەكتە.

## ئامورىيلارنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ ئۈستىدىن
## غالىب كېلىشى ــ ئاجايىب بىر مۆجىزە

10 [1] شۇنداق بولدىكى، يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى ئادونى-زەدەك
يەشۇئانىڭ ئاي شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى مۇتلەق
يوقاتقانلىقىنى، يېرىخو بىلەن ئۇنىڭ پادىشاھىغا قىلغىنىدەك،
ئاي بىلەن ئۇنىڭ پادىشاھىغىمۇ شۇنداق قىلغىنىنى، گىبېئوندا
ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ئىسرائىل بىلەن سۈلھ تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا

**24:9** قان. 1:7، 2

**تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، [2] ئۇ ۋە خەلقى قاتتىق قورقتى؛ چۈنكى**
**گىبېئون بولسا ئايىدىن چوڭ شەھەر بولۇپ، پايتەخت شەھەرلىرىدەك**
**ئىدى؛ ئۇنىڭ ھەممە ئادەملىرى تولىمۇ باتۇر پالۋانلار ئىدى. [3] شۇنىڭ**
**بىلەن يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى ئادونى-زەدەك ھېبروننىڭ پادىشاھى**
**ھوھام، يارمۇتنىڭ پادىشاھى پىرئام، لاقىشنىڭ پادىشاھى يافىيا ۋە**
**ئەگلوننىڭ پادىشاھى دەبىرگە خەۋەر ئەۋەتىپ: — [4] مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ**
**گىبېئونلارغا ھۇجۇم قىلىشىمىز ئۈچۈن ماڭا مەدەت بېرىڭلار؛ چۈنكى**
**ئۇلار بولسا يەشۇئا ۋە ئىسرائىللار بىلەن سۈلھ تۈزۈۋالدى، — دېدى.**
**[5] شۇنداق قىلىپ ئاموريلارنىڭ بەش پادىشاھى، يەنى يېرۇسالېمنىڭ**
**پادىشاھى، ھېبروننىڭ پادىشاھى، يارمۇتنىڭ پادىشاھى، لاقىشنىڭ**
**پادىشاھى ۋە ئەگلوننىڭ پادىشاھى — ئۇلار ئۆزلىرى بارلىق قوشۇنلىرى**
**بىلەن بىللە چىقىپ، گىبېئوننىڭ ئۇدۇلىدا بارگاھ تىكىپ، ئۇنىڭغا**
**ھۇجۇم قىلدى.**
**[6] بۇنىڭ بىلەن گىبېئونلۇقلار گىلگالدىكى چېدىرگاھقا، يەشۇئانىڭ**
**قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ: — سەن ئۆز قۇللىرىڭنى تاشلىۋەتمەي، دەرھال**
**قېشىمىزغا كېلىپ مەدەت بېرىپ، بىزنى قۇتقۇزغىن؛ چۈنكى تاغلىق**
**رايوندا ئولتۇرۇشلۇق ئاموريلارنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى بىرلىشىپ**
**بىزگە ھۇجۇم قىلدى، — دېدى.**
**[7] بۇنى ئاڭلاپ يەشۇئا بارلىق جەڭچىلەرنى، يەنى ھەممە باتۇر پالۋانلارنى**
**ئېلىپ گىلگالدىن يولغا چىقتى. [8] پەرۋەردىگار يەشۇئاغا: — ئۇلاردىن**
**قورقمىغىن؛ چۈنكى مەن ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇردۇم، ئۇلارنىڭ**
**ھېچبىرى ئالدىڭدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، — دېدى.**
**[9] يەشۇئا گىلگالدىن چىقىپ پۈتۈن كېچە مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە**
**تۇيۇقسىز چۈشتى. [10] پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا**

1:10 **«يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى ئادونى-زەدەك»** — ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىقكى، شۇ چاغدا يېرۇسالېم شەھىرى تېخى ئىسرائىللارغا تەۋە ئەمەس.

**1:10** يە. 15:6؛ 15:9

6:10 **«سەن ئۆز قۇللىرىڭنى تاشلىۋەتمەي،...»** — ئىبرانيي تىلدا «قولۇڭنى قۇللىرىڭدىن ئېلىپ كەتمىگەي،...».

تىرىپىرەن قىلدى، يەشۇئا ئۇلارنى گىبېئوندا قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ
قىرىپ، بەيت-هورونغا چىقىدىغان داۋان يولىدا قوغلاپ، ئازىكاھ بىلەن
ماككەداھقىچە سۈرۈپ-توقاي قىلدى. [11] ئۇلار ئىسرائىلدىن قېچىپ،
بەيت-هورونىنىڭ داۋانىدىن چۈشۈۋاتقاندا، پەرۋەردىگار تاكى ئۇلار
ئازىكاھقا يەتكۈچە ئاسماندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چوڭ-چوڭ مۆلدۈر-
تاشلارنى ياغدۇردى. ئۇلار ئۆلدى؛ مۆشۈ مۆلدۈرلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر
ئىسرائىللار قىلىچلاپ ئۆلتۈرگەنلەردىن كۆپ ئىدى.
[12] ئاندىن يەشۇئا پەرۋەردىگارغا سۆز قىلدى، ــ يەنى پەرۋەردىگار ئامورىيلارنى
ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا تاپشۇرغان كۈنىدە ئۇ ئىسرائىلنىڭ كۆز ئالدىدا
پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدى: ــ «ئەي قۇياش، گىبېئون ئۈستىدە توختاپ
تۇر! ئەي ئاي، ئايجالون جىلغىسى ئۈستىدە توختاپ تۇر!»
[13] شۇنى دېيىشى بىلەن، خەلق دۈشمەنلەردىن ئىنتىقام ئېلىپ بولغۇچىلىك
قۇياش ماڭماي توختاپ تۇردى، ئايمۇ توختاپ تۇردى. بۇ ۋەقە ياشارنىڭ
كىتابىدا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ قۇياش تەخمىنەن پۈتۈن بىر
كۈن ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ ئولتۇرۇشقا ئالدىرىمىدى.
[14] پەرۋەردىگار بىر ئىنساننىڭ نىداسىغا قۇلاق سالغان شۇنداق بىر
كۈن ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ۋە كېيىنمۇ بولۇپ باقمىدى؛ چۈنكى
پەرۋەردىگار ئىسرائىل ئۈچۈن جەڭ قىلدى.
[15] ئاندىن يەشۇئا بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىل گىلگالدىكى چېدىرگاھقا
يېنىپ كەلدى. [16] ئەمما ئۇ بەش پادىشاھ بولسا قېچىپ ماككەداھتىكى
غارغا يوشۇرۇنۇۋالدى.
[17] شۇنىڭ بىلەن بىرسى يەشۇئاغا مەلۇم قىلىپ: ــ ئۇ بەش پادىشاھ
تېپىلدى؛ ئۇلار ماككەداھتىكى غارغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ، دېدى. [18] يەشۇئا:
ــ ئۇنداق بولسا غارنىڭ ئاغزىغا چوڭ-چوڭ تاشلارنى يۇمىلىتىپ
قويۇڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەملەرنى كۆزەتكە قويۇڭلار. [19] لېكىن
سىلەر توختاپ قالماي دۈشمەنلىرىڭلارنى قوغلاپ كەينىدە قالغانلارنى

13:10 **«ياشارنىڭ كىتابى»** ــ ياكى «ئادالەتپەرۋەر كىشىنىڭ كىتابى». بۇ كىتاب تەۋراتتا تېپىلمايدۇ؛ «2سام.» 18:1دىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

## يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ قانائاننىڭ
## شىمالىي تەرىپىدىكى ھەربىي يۈرۈشلىرى



قىرىڭلار؛ ئۇلارنى ئۆز شەھەرلىرىگە كىرگۈزمەڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلار ئۇلارنى قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ بەردى، ــ دېدى.
[20] ئاندىن شۇنداق بولدىكى، يەشۇئا بىلەن ئىسرائىللار بۇلارنى قىرىپ
قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ يوقاتتى؛ لېكىن قېچىپ قۇتۇلغان بىر
قالدۇق مۇستەھكەم شەھەرلىرىگە كىرىۋالدى. [21] ئاندىن بارلىق خەلق
ماككەداھتىكى چېدىرگاھقا، يەشۇئانىڭ قېشىغا تىنىچ-سالامەت
يېنىپ كەلدى. ھېچكىم ئىسرائىللارغا قارشى ئېغىز ئېچىشقا
جۈرئەت قىلالمىدى.
[22] يەشۇئا: ــ غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇ بەش پادىشاھنى غاردىن
چىقىرىپ مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دېدى.
[23] ئۇلار شۇنداق قىلىپ بەش پادىشاھنى، يەنى يېرۇسالېمنىڭ
پادىشاھى، ھېبروننىڭ پادىشاھى، يارمۇتنىڭ پادىشاھى، لاقىشنىڭ
پادىشاھى ۋە ئەگلوننىڭ پادىشاھىنى غاردىن چىقىرىپ ئۇنىڭ قېشىغا
ئېلىپ كەلدى. [24] ئۇ پادىشاھلار يەشۇئانىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلگەندە،
يەشۇئا ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرىنى چاقىرىپ، ئۆزى بىلەن
جەڭگە چىققان لەشكەر سەردارلىرىغا: ــ كېلىپ پۇتلىرىڭلارنى بۇ
پادىشاھلارنىڭ گەدىنىگە قويۇڭلار، ــ دېدى. شۇنداق دېۋىدى، ئۇلار
كېلىپ پۇتلىرىنى ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە قويدى. [25] ئاندىن يەشۇئا
ئۇلارغا: ــ قورقماڭلار ۋە ھېچ ھودۇقماڭلار، قەيسەر ۋە غەيرەتلىك
بولۇڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەر ھۇجۇم قىلغان بارلىق
دۈشمەنلىرىڭلارغا شۇنداق ئىشنى قىلىدۇ، ــ دېدى.
[26] ئاندىن يەشۇئا پادىشاھلارنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈپ، جەسەتلىرىنى
بەش دەرەخكە ئېسىپ قويدى؛ ئۇلار دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە كەچكىچە
ئېسىقلىق تۇردى. [27] كۈن پاتقاندا يەشۇئانىڭ بۇيرۇقى بىلەن كىشىلەر
ئۆلۈكلەرنى دەرەخلەردىن چۈشۈرۈپ، ئۇلار ئىلگىرى يوشۇرۇنغان غارغا

**21:10** **«...قارشى ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى»** ــ ياكى «...تەھدىت سېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى».
**26:10** قان. 21:23؛ يە. 29:8

تاشلاپ، غارنىڭ ئاغزىغا چوڭ-چوڭ تاشلارنى قويۇپ قويدى. بۇ تاشلار
تاكى بۈگۈنگە قەدەر شۇ يەردە تۇرماقتا.

## زىمىننىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ئۇرۇش قىلىش

[28] ئۇ كۈنى يەشۇئا ماككەداھنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھى بىلەن
شەھەردىكى ھەممە خەلقنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىلىچلاپ مۇتلەق
يوقاتتى؛ ئۇ يېرىخونىڭ پادىشاھىغا قىلغىنىدەك ماككەداھنىڭ
پادىشاھىغىمۇ شۇنداق قىلدى.
[29] ئاندىن يەشۇئا بىلەن بارلىق ئىسرائىللار ماككەداھتىن چىقىپ،
لىبناھقا بېرىپ لىبناھ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. [30] پەرۋەردىگار
ئۇنىمۇ پادىشاھى بىلەن قوشۇپ ئىسرائىلنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ
بەردى؛ يەشۇئا ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ، شەھەردىكى ھەممە
خەلقنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىلىچلاپ ئۆلتۈردى؛ ئۇ يېرىخونىڭ
پادىشاھىغا قىلغىنىدەك ئۇنىڭ پادىشاھىغىمۇ شۇنداق قىلدى.
[31] ئاندىن يەشۇئا بىلەن بارلىق ئىسرائىل لىبناھدىن
چىقىپ، لاقىشقا بېرىپ، ئۇنى قامال قىلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم
قىلدى. [32] پەرۋەردىگار لاقىشنى ئىسرائىلنىڭ قولىغا تاپشۇردى؛
ئۇلار ئىككىنچى كۈنىلا ئۇنى قىلىچ بىلەن ئېلىپ، دەل لىبناھقا
قىلغىنىدەك، شەھەردىكى خەلقنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىلىچلاپ
ئۆلتۈردى.
[33] ئۇ ۋاقىتتا گەزەرنىڭ پادىشاھى ھورام لاقىش شەھىرىگە مەدەت
بېرىش ئۈچۈن چىقىپ كەلدى؛ لېكىن يەشۇئا ئۇنى بارلىق ئادەملىرى
بىلەن قوشۇپ ئۇرۇپ، ئۇلاردىن ھېچكىمنى تىرىك قويماي ئۆلتۈردى.
[34] ئاندىن يەشۇئا بىلەن بارلىق ئىسرائىل لاقىشتىن چىقىپ، ئەگلونغا
بېرىپ ئۇنى قامال قىلىپ، ئۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. [35] ئۇلار شۇ
كۈنى شەھەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنى قىلىچلىدى؛ شۇ
كۈنى يەشۇئا شەھەردىكى بارلىق كىشىلەرنى تەلتۆكۈس يوقاتتى؛
ئۇ دەل لاقىشقا قىلغىنىدەك، ئۇلارغىمۇ شۇنداق قىلدى. [36] ئاندىن

يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئەگلوندىن چىقىپ
ھېبرونغا بېرىپ، ئۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. 37 ئۇلار ئۇنى ئېلىپ،
دەل ئەگلوندا قىلغاندەك ئۇنىڭ پادىشاھىنى قىلىچلاپ، ئۇنىڭغا
قاراشلىق ھەممە يېزا-كەنتلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە
ئولتۇرۇشلۇق ھەممە ئادەمنىڭ ھېچبىرىنى قويماي قىلىچلاپ
يوقاتتى. يەشۇئا شەھەرنى ۋە ئىچىدىكى بارلىق ئادەملەرنى مۇتلەق
يوقاتتى.
38 ئاندىن يەشۇئا بىلەن بارلىق ئىسرائىللار دەبىرگە بېرىپ، ئۇ
شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. 39 ئۇ شەھەرنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق
ھەممە يېزا-كەنتلىرىنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ، پادىشاھىنى تۇتۇپ،
بۇلاردىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ ھېچبىرىنى قويماي تەلتۆكۈس
يوقاتتى. يەشۇئا ھېبرونغا قىلغىنىدەك، لىبناھقا ۋە ئۇنىڭ
پادىشاھىغا قىلغىنىدەك، دەبىر بىلەن ئۇنىڭ پادىشاھىغىمۇ
شۇنداق قىلدى.
40 بۇ تەرىقىدە يەشۇئا شۇ پۈتۈن يۇرتنى، يەنى تاغلىق رايوننى،
جەنۇبىي نەگەۋ يۇرتىنى، شەفەلاھ ئويمانلىقىنى، داۋاندىكى
يۇرتلارنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، ھەممە يۇرتنى ئىشغال قىلىپ
بارلىق پادىشاھلىرى بىلەن مەغلۇپ قىلدى. ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگار بۇيرۇغىنىدەك، ئۇ ھېچكىمنى قويماي، بەلكى نەپەسى
بارلارنىڭ ھەممىسىنى مۇتلەق يوقاتتى. 41 يەشۇئا قادەش-بارنېئادىن
تارتىپ گازاغىچە بولغان يۇرتلارنى، شۇنىڭدەك گوشەنىنىڭ پۈتكۈل
يۇرتىنى تاكى گىبېئونغىچىمۇ ھۇجۇم بىلەن ئالدى. 42 بۇ قېتىمقى
ئۇرۇشتا يەشۇئا بۇ پادىشاھلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى
ئىگىلىدى. چۈنكى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئىسرائىل
تەرەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلدى.
43 ئاندىن يەشۇئا بىلەن بارلىق ئىسرائىل گىلگالدىكى چېدىرگاھقا
يېنىپ كەلدى.

**40:10** قان. 2:7؛ 16:20، 17؛ يە. 2:8

## شىمالىي ئىتتىپاقداش ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش

11 [1] ئەمما ھازورنىڭ پادىشاھى يابىن بۇلارنى ئاڭلاپ مادوننىڭ
پادىشاھى يوباب بىلەن شىمروننىڭ پادىشاھى ۋە ئاقسافنىڭ
پادىشاھىغا ئادەم ئەۋەتتى، [2] شۇنداقلا شىمالدىكى تاغلىق رايوندىكى
پادىشاھلارغا، كىننەروتنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىك، ئويمانلىق ۋە
غەربتىكى دور ئېگىزلىكىدىكى ھەممە پادىشاھلارغا ئەلچى ئەۋەتتى؛
[3] ئۇ يەنە شەرق بىلەن غەرب تەرەپتىكى قانائانىيلار، ئامورىيلار،
ھىتتىيلار، پەرىززىيلەر بىلەن تاغلىق رايوندىكى يەبۇسىيلار ۋە
ھەرمون تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى مىزپاھ يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان ھىۋىيلارنى
چاقىردى. [4] ئۇلار، يەنى پادىشاھلىرى ۋە بارلىق قوشۇنلىرى چىقتى؛
ئۇلارنىڭ سانى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك كۆپ ئىدى، ئۇلارنىڭ
نۇرغۇن ئات ۋە جەڭ ھارۋىلىرى بار ئىدى. [5] بۇ ھەممە پادىشاھلار
بىر بولۇپ يىغىلىپ، ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن مەروم
سۇلىرىنىڭ بويىدا چېدىرلارنى تىكتى.
[6] لېكىن پەرۋەردىگار يەشۇئاغا: ــ سەن ئۇلاردىن ھېچ قورقمىغىن؛
چۈنكى مەن ئەتە مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسرائىلنىڭ
ئالدىدا ھالاكەتكە تاپشۇرىمەن. سەن ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ پەيلىرىنى
كېسىپ، ھارۋىلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىسەن، ــ دېدى.
[7] بۇنى ئاڭلاپ يەشۇئا بىلەن ئۇنىڭ ھەممە جەڭچىلىرى مەروم
سۇلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز
چۈشۈپ ھۇجۇم قىلدى. [8] پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ
قولىغا تاپشۇردى؛ ئۇلارنى ئۇرۇپ چوڭ زىدون ۋە مىسرەفوت-
مايىمغىچە، شۇنداقلا شەرق تەرەپتىكى مىزپاھ ۋادىسىغىچە
سۈرۈپ بېرىپ، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى قويماي قىلىچلاپ ئۆلتۈردى.
[9] يەشۇئا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ پەيلىرىنى كېسىپ، ھارۋىلىرىنى ئوتتا
كۆيدۈرۈۋەتتى.

---

2:11 **«دور ئېگىزلىكى»** ــ ياكى «نافات-دوردىكى».

10 شۇ چاغدا يەشۇئا قايتىپ بېرىپ، ھازورنى ئىشغال قىلىپ،
ئۇنىڭ پادىشاھىنى قىلىچلاپ ئۆلتۈردى. ھازور بولسا شۇ دەۋرلەردە
ئاشۇ بارلىق ئەللەرنىڭ بېشى ئىدى. 11 ئىسرائىللار شەھەر ئىچىدە
ئولتۇرۇشلۇق ھەممىسىنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈپ، ھېچ نەپەس
ئىگىسىنى قويماي ھەممىسىنى ئۇزۇل-كېسىل يوقاتتى؛ ھازورنى
يەشۇئا ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتتى، 12 شۇ پادىشاھلارنىڭ بارلىق پايتەخت
شەھەرلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى مەغلۇپ قىلدى؛
پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى بولغان مۇسا بۇيرۇغىنىدەك، ئۇ ئۇلارنى
قىلىچلاپ ئۇزۇل-كېسىل يوقاتتى. 13 لېكىن ئېگىزلىككە سېلىنغان
شەھەرلەرنى بولسا، ئىسرائىل كۆيدۈرمىدى؛ يەشۇئا ئۇلاردىن
پەقەت ھازورنىلا كۆيدۈرۈۋەتتى. 14 ئىسرائىللار بۇ شەھەرلەردىكى
غەنىيمەتلەرنى ۋە چارپايلارنى ئۆزلىرىگە ئولجا قىلىپ ئالدى،
لېكىن ئىچىدىكى ھەممە ئادەملەرنى قىلىچلاپ يوقاتتى؛ ئۇلار
بىرمۇ نەپەس ئىگىسىنى تىرىك قويمىدى.
15 پەرۋەردىگار ئۆز قۇلى بولغان مۇساغا نېمە بۇيرۇغان بولسا،
مۇسامۇ يەشۇئاغا شۇنى بۇيرۇغانىدى ۋە يەشۇئامۇ شۇنداق قىلدى.
ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدىن ھېچنېمىنى قالدۇرماي
ھەممىنى شۇ بويىچە ئادا قىلدى.
16 شۇ تەرىقىدە يەشۇئا شۇ زېمىننىڭ ھەممىسىنى، يەنى تاغلىق
رايوندىكى زېمىنلارنى، بارلىق جەنۇبىي نەگەۋ زېمىنىنى، بارلىق گوشەن
زېمىنىنى، ئويمانلىقتىكى زېمىنلارنى، تۈزلەڭلىكتىكى زېمىنلارنى
ۋە ئىسرائىلنىڭ تاغلىق رايونلىرىنى ۋە شەفەلاھ ئويمانلىقىنى،
17 سېئىر داۋىنىغىچە سوزۇلغان ھالاك تېغىدىن تاكى ھەرمون
تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى لىۋان جىلغىسىغا جايلاشقان بائال-گادقىچە
بولغان زېمىنىنى ئىگىلىدى؛ ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممە پادىشاھلىرىنى

---

**12:11** قان. 16:20، 17؛ يە. 40:10

**15:11** مىس. 32:23، 33؛ 12:34؛ چۆل. 52:33؛ قان. 2:7؛ 16:20

16:11 **«ئىسرائىل تاغلىق رايونلىرى»** ــ شۇ رايوننىڭ كېيىنكى نامى.

تۇتۇپ ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. [18] شۇ تەرىقىدە يەشۇئا بۇ ھەممە پادىشاھلار بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت جەڭ قىلدى. [19] گىبېئوندا ئولتۇراقلاشقان ھىۋىيلاردىن باشقا، ھېچبىر شەھەر ئىسرائىل بىلەن سۈلھ تۈزمىدى. ئىسرائىل ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەڭ ئارقىلىقلا ئالدى. [20] چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ قاتتىق قىلىنىشى، ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلىش نىيىتىدە بولۇشى پەرۋەردىگاردىن ئىدى؛ بۇنىڭ مەقسىتى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىلىشى؛ يەنى، ئۇلارغا ھېچ رەھىم قىلىنماي، ئەكسىچە پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارنىڭ يوقىتىلىشى ئۈچۈن ئىدى.

[21] ئۇ ۋاقىتتا يەشۇئا كېلىپ ئاناكىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تاغلىق رايوندىن، ھېبروندىن، دەبىردىن، ئانابدىن، يەھۇدانىڭ ھەممە تاغلىق رايونى بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە تاغلىق رايونىدىن يوقاتتى؛ يەشۇئا ئۇلارنى شەھەرلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇزۇل-كېسىل يوقاتتى. [22] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللارنىڭ زېمىنىدا ئاناكىيلاردىن ھېچبىرىمۇ قالدۇرۇلمىدى؛ پەقەت گازا، گات ۋە ئاشدودتا بىرنەچچىسىلا قالدى.

[23] شۇ تەرىقىدە يەشۇئا پەرۋەردىگار مۇساغا ۋەدە قىلغانىدەك پۈتكۈل زېمىننى ئالدى؛ يەشۇئا ئۇنى ئىسرائىلغا ئۇلارنىڭ قوشۇن-قەبىلىسى بويىچە مىراس قىلىپ تەقسىم قىلدى. ئاندىن زېمىن جەڭدىن ئارام تاپتى.

## ئىشغال قىلىنغان زېمىن ۋە شەھەرلەر

12 [1] ئىسرائىل ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يەنى كۈن چىقىش تەرىپىدە ئىككى پادىشاھنى ئۆلتۈردى. ئۇلار ئۇلارنىڭ زېمىنىنى، يەنى ئارنون دەرياسىدىن تارتىپ ھەرمون تاغلىقىغا

17:11 **«ھالاك تېغى»** ــ ياكى «سىلىق تاغ».
21:11 **«ئاناكىيلار»** ــ گىگانتلاردىن بولغان بىر قەبىلە.

تۇتاشقان زېمىن بىلەن شەرق تەرەپتىكى بارلىق ئاراباھ تۈزلەڭلىكىنى
ئىگىلىدى. شۇ ئىككى پادىشاھلار بولسا: ــ
2 بىرسى ھەشبوندا تۇرۇشلۇق ئاموررىيلارنىڭ پادىشاھى سىھون؛ ئۇ
ئاروئەر (ئاروئەر ئارنون دەرياسىنىڭ بويىدا) ۋە ئارنون جىلغىسىدىكى
شەھەردىن تارتىپ، گىلېئادنىڭ يېرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ياببوك دەرياسىغىچە (بۇ ئاممونىيلارنىڭ چېگرىسى ئىدى) بولغان
يەرلەردە سەلتەنەت قىلاتتى؛ 3 ئۇ سەلتەنەت قىلغان زېمىن يەنە شەرق
تەرەپتىكى كىننەروت دېڭىزىدىن تارتىپ ئاراباھ دېڭىزىغىچە، يەنى
شور دېڭىزىغىچە سوزۇلغان ئاراباھ تۈزلەڭلىكىنى، شۇنداقلا شەرق
تەرەپتىكى بەيت-يەشىموتقا بارىدىغان يولنى ۋە جەنۇب تەرىپىدە
پىسگاھ تېغىنىڭ داۋانلىرىنىڭ چېتىگىچە سوزۇلغان زېمىننى ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى.
4 ئۇنىڭدىن باشقا ئىسرائىل باشان پادىشاھى ئوگنىڭ زېمىنىنى
ئالدى؛ ئۇ رەفايىيلار دېيىلىدىغان گىگانتلارنىڭ قالدۇقىدىن بىرى
ئىدى (ئۇلار ئاشتاروت ۋە ئەدرەيدە تۇراتتى). 5 ئۇ ھەرمون تېغىدىكى
يۇرتلارغا، سالكاھ ۋە پۈتكۈل باشان زېمىنىغا، يەنى گەشۇرىيلار بىلەن
مائاكاتىيلارنىڭ چېگرىسىغىچە، شۇنىڭدەك گىلېئادنىڭ يېرىمىغا،
تاكى ھەشبوننىڭ پادىشاھى سىھوننىڭ چېگرىسىغىچە سەلتەنەت
قىلاتتى.
6 پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى بولغان مۇسا بىلەن ئىسرائىللار بۇلارغا
ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ قىلغانىدى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى مۇسا شۇ
زېمىننى رۇبەنلەرگە، گادلارغا ۋە ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە
مىراس قىلىپ بەرگەنىدى.

1:12 **«ئىزاھات»** ــ مۇشۇ بابلاردىكى مەزمۇنلارنى ئوبدانراق چۈشىنىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك خەرىتىلەرنى كۆرۈڭ.

3:12 **«كىننەروت دېڭىزى»** ــ ياكى «گالىلىيە دېڭىزى». **«شور دېڭىزى»** ــ ھازىر «ئۆلۈك دېڭىز» دەپ ئاتىلىدۇ.

**4:12** قان. 4:1

**6:12** چۆل. 24:21؛ 33:32

[7]تۆۋەندىكىلەر يەشۇئا بىلەن ئىسرائىللار ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەرب
تەرىپىدە ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ قىلغان پادىشاھلاردۇر؛ ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى
لىۋان جىلغىسىدىكى بائال-گادتىن تارتىپ، سېئىرنىڭ داۋانلىرىنىڭ
يېنىدىكى ھالاك تېغىغىچە بولغان زېمىنلاردىن ئىبارەت ئىدى. يەشۇئا
بۇ زېمىنلارنى ئىسرائىلنىڭ قوشۇن-قەبىلىلىرى بويىچە ئۇلارغا مىراس
قىلىپ بەردى، [8] جۇملىدىن تاغلىق يۇرتنى، شەفەلاھ ئويمانلىقىنى، ئاراباھ
تۈزلەڭلىكىنى، ئېگىزلىكتىكى داۋانلارنى، چۆللۈكنى ۋە جەنۇبتىكى نەگەۋ
زېمىنىنى، ھىتتىيلار، ئامورىيلار، قانائانىيلار، پەرىززىيلەر، ھىۋىيلار ۋە
يەبۇسىيلارنىڭ زېمىنلىرىنى بۆلۈپ بەردى:—
[9]ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ بىرى يېرىخونىڭ پادىشاھى، بىرى
بەيت-ئەلنىڭ يېنىدىكى ئاينىڭ پادىشاھى، [10]بىرى يېرۇسالېمنىڭ
پادىشاھى، بىرى ھېبروننىڭ پادىشاھى، [11]بىرى يارمۇتنىڭ
پادىشاھى، بىرى لاقىشنىڭ پادىشاھى، [12]بىرى ئەگلوننىڭ پادىشاھى،
بىرى گەزەرنىڭ پادىشاھى، [13]بىرى دەبىرنىڭ پادىشاھى، بىرى
گەدەرنىڭ پادىشاھى، [14]بىرى خورماھنىڭ پادىشاھى، بىرى ئارادنىڭ
پادىشاھى، [15]بىرى لىبناھنىڭ پادىشاھى، بىرى ئادۇللامنىڭ پادىشاھى،
[16]بىرى ماككەداھنىڭ پادىشاھى، بىرى بەيت-ئەلنىڭ پادىشاھى، [17]بىرى
تاپپۇئاھنىڭ پادىشاھى، بىرى ھەفەرنىڭ پادىشاھى، [18]بىرى ئافەكنىڭ
پادىشاھى، بىرى لاشاروننىڭ پادىشاھى، [19]بىرى مادوننىڭ پادىشاھى،
بىرى ھازورنىڭ پادىشاھى، [20]بىرى شىمرون-مەروننىڭ پادىشاھى،
بىرى ئاقسافنىڭ پادىشاھى، [21]بىرى تائاناقنىڭ پادىشاھى، بىرى
مەگىددونىڭ پادىشاھى، [22]بىرى كەدەشنىڭ پادىشاھى، بىرى كارمەلنىڭ
يېنىدىكى يوكنېئامنىڭ پادىشاھى، [23]بىرى دور ئېگىزلىكىدىكى
دورنىڭ پادىشاھى، بىرى گويىمنىڭ پادىشاھى، [24]بىرى تىرزاھنىڭ
پادىشاھى بولۇپ، جەمئىي ئوتتۇز بىر پادىشاھ ئىدى.

---

**7:12** يە. 40:10

23:12 **«دور ئېگىزلىكىدىكى دورنىڭ پادىشاھى»** — ياكى «نافات-دوردىكى دورنىڭ پادىشاھى».

## پەرۋەردىگارنىڭ يەشۇئاغا يەنە سۆز قىلىشى

13 1 ئەمما يەشۇئا ياشىنىپ، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ
قالغانىدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ــ «سەن
ئەمدى قېرىپ قالدىڭ، يېشىڭمۇ چوڭىيىپ قالدى، لېكىن يەنە
ئىگىلىنىشى كېرەك بولغان نۇرغۇن زېمىن بار. 2 بۇ زېمىنلار بولسا
مۇنۇلار: ــ فىلىستىيلەرنىڭ ۋە گەشۇرىيلارنىڭ بارلىق يۇرتلىرى،
3-4 يەنى مىسىرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شىھور دەرياسىدىن تارتىپ،
شىمال تەرىپىدىكى ئەكرون شەھىرىنىڭ چېگرالىرىغىچە
سوزۇلغان يەرلەر (شۇ يۇرت قانائانىيلارنىڭ زېمىنى ھېسابلىناتتى)،
جۈملىدىن گازا، ئاشدود، ئاشكېلون، گات ۋە ئەكروندىكى بەش
فىلىستىي ئەمىر باشقۇرىدىغان يۇرتلار بىلەن ئاۋۋىيلارنىڭ جەنۇب
تەرەپتىكى يۇرتلىرى؛ زىدونىيلارغا تەۋە بولغان مەئاراھدىن تارتىپ
ئافەك بىلەن ئامورىيلارنىڭ چېگراسىغىچە بولغان قانائانىيلارنىڭ
بارلىق زېمىنى؛ 5 گەبالىيلارنىڭ زېمىنى ۋە بارلىق لىۋان زېمىنى،
يەنى كۈن چىقىش تەرەپتىكى ھەرمون تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى
بائال-گادتىن تارتىپ، خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىغىچە بولغان
زېمىنلار؛ 6 لىۋاندىن تارتىپ مىسرەپوت-مايىمغىچە سوزۇلغان
تاغلىقتا بارلىق ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ، يەنى زىدونىيلارنىڭ زېمىنى
قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇ زېمىندىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنى
مەن ئىسرائىل ئالدىدىن قوغلىۋېتىمەن. شۇڭا سەن چوقۇم مېنىڭ
ساڭا بۇيرۇغىنىم بويىچە بۇنى چەك تاشلاپ ئىسرائىللىقلارغا
مىراس قىلىپ تەقسىم قىلىپ بېرىشىڭ كېرەك. 7 سەن ئەمدى بۇ
زېمىنلارنى توققۇز قەبىلە بىلەن ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە
مىراس قىلىپ بۆلگىن».

---

4-3:13 **«مەئاراھدىن»** ــ ياكى «ئاراھدىن».
5:13 **«خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىغىچە...»** ــ ياكى «لىبو-خاماتقىچە...».

## قانائان (پەلەستىن)
### (يەشۇئا پەيغەمبەر زېمىننى تەقسىم قىلغاندىن كېيىن)



## ئئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مىراس زېمىنلار

8 رۇبەنلەر بىلەن گادلار بولسا، ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسى
بىلەن بىرلىكتە ئئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتى، يەنى شەرق تەرىپىدە
مۇسانىڭ ئۇلارغا بەرگەن مىراسىغا ئىگە بولدى؛ بۇنى پەرۋەردىگارنىڭ
قۇلى بولغان مۇسا ئۇلارغا مىراس قىلىپ بەرگەنىدى: ــ 9 ئۇلارنىڭ
زېمىنلىرى ئارنون جىلغىسىنىڭ بويىدىكى ئاروئەردىن تارتىپ،
جۈملىدىن جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەھەر ۋە دىبونغىچە سوزۇلغان
مەدەبا تۈزلەڭلىكى، 10 ھەشبوندا سەلتەنەت قىلغان، ئامورىيلارنىڭ
پادىشاھى سىھوننىڭ ئاممونىيلارنىڭ چېگرىسىغىچە بولغان ھەممە
شەھەرلىرى؛ 11 گىلېئاد بىلەن گەشۇرىيلار ۋە مائاكاتىيلارنىڭ چەت
يۇرتلىرى، ھەرمون تېغىنىڭ ھەممىسى ۋە سالكاھغىچە سوزۇلغان
بارلىق باشان زېمىنى؛ 12 گىگانتلار بولغان رەفايىيلارنىڭ قالدۇق
نەسلىدىن بولغان ئاشتاروت بىلەن ئەدرەيدە سەلتەنەت قىلغان
ئوگنىڭ باشاندىكى پۈتكۈل پادىشاھلىق زېمىنىدىن ئىبارەت ئىدى؛
مۇشۇ زېمىندىكىلەرنى مۇسا مەغلۇپ قىلىپ، زېمىنلىرىغا ئىگە
بولدى. 13 لېكىن ئىسرائىللار گەشۇرىيلار بىلەن مائاكاتىيلارنى ئۆز
يۇرتلىرىدىن قوغلىۋەتمىدى؛ شۇڭا گەشۇرىيلار بىلەن مائاكاتىيلار
بۈگۈنگىچە ئىسرائىل ئارىسىدا تۇرماقتا.

14 لېكىن مۇسا لاۋىي قەبىلىسىگە ھېچ مىراس زېمىننى بەرمىگەن؛
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئۇلارغا ئېيتقىنىدەك، پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ ئوتتا سۇنۇلغان قۇربانلىقلار ئۇلارنىڭ مىراسىدۇر.
15 مۇسا رۇبەنلەر قەبىلىسىگە، جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە
يۇرتلارنى مىراس قىلىپ بەردى. 16 ئۇلارنىڭ زېمىنى بولسا ئارنون

8:13 **«رۇبەنلەر بىلەن گادلار بولسا، ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «رۇبەنلەر بىلەن گادلار بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە...».

12:13 **«رەفايىيلار»** ــ گىگانتلار ئىدى. ئۇلار توغرۇلۇق «قان.» 2:10-11 ، 20، 3:11نى كۆرۈڭ.

14:13 **«... مۇسا لاۋىي قەبىلىسىگە ھېچ مىراس زېمىننى بەرمىگەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «... ئۇ لاۋىي قەبىلىسىگە ھېچ مىراس زېمىننى بەرمىگەن».

جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى ئاروئەردىن تارتىپ، جىلغىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى شەھەر ۋە مەدەبانىڭ يېنىدىكى پۈتكۈل
تۈزلەڭلىك، [17]ھەشبون ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تۈزلەڭلىكتىكى
ھەممە شەھەرلەر، دىبون، باموت-بائال، بەيت-بائال-
مېئون، [18]ياھاز، كەدەموت، مەفائات، [19]كىرىئاتايىم، سىبماھ،
ۋە «جىلغا تېغى»دىكى زەرەت-شاھار، [20]بەيت-پېئور، پىسگاھ
تېغىدىكى داۋانلار، بەيت-يەشىموت، [21]تۈزلەڭلىكتىكى بارلىق
شەھەرلەر ۋە ھەشبوندا سەلتەنەت قىلغان، ئامورىيلارنىڭ
پادىشاھى بولغان سىھوننىڭ پۈتكۈل سەلتەنىتىنىڭ زېمىنىنى
ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇ يۇرتتا
ئولتۇرۇشلۇق، سىھونغا بېقىنغان سەردارلار ئەۋى، رەكەم، زۇر،
خۇر ۋە رەبا قاتارلىق مىدىيان ئەمىرلىرى بولسا مۇسا تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلگەنىدى. [22]شۇ ۋاقىتتا ئىسرائىللار ئۆلتۈرگەنلەر ئىچىدە
بېئورنىڭ ئوغلى پالچى بالائاممۇ بار ئىدى؛ ئۇنىمۇ ئۇلار قىلىچلاپ
ئۆلتۈرگەنىدى.
[23]رۇبەنلەرنىڭ زېمىنىنىڭ چېگراسى ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۆزى
ئىدى. رۇبەنلەرنىڭ جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە ئۇلارغا بۆلۈنگەن
مىراسى مانا بۇ شەھەرلەر بىلەن كەنت-قىشلاقلىرى ئىدى.

[24]مۇسا يەنە گاد قەبىلىسىگە، يەنى گادلارنىڭ جەمەت-ئائىلىلىرى
بويىچە ئۇلارغا مىراس بۆلۈپ بەرگەنىدى. [25]ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى
بولسا يائازەر بىلەن گىلېئادنىڭ بارلىق شەھەرلىرى، ئاممونىيلارنىڭ
زېمىنىنىڭ يېرىمى تاكى رابباھ ئالدىدىكى ئاروئەرگىچە، [26]ھەشبوندىن
تارتىپ رامات-مىزپەھ ۋە بەتونىمغىچە، ماھانايىمدىن تارتىپ

**18:13 «ياھاز»** — ياكى «ياھازاھ».

**22:13** چۆل. 8:31

**23:13 «رۇبەنلەرنىڭ زېمىنىنىڭ چېگراسى ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۆزى ئىدى»** — ئىبرانىي تىلدا «رۇبەنلەرنىڭ زېمىنىنىڭ چېگراسى ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ چېگرىسى ئىدى»

**23:13** چۆل. 34:14، 15

دەبىرنىڭ چېگرىسىغىچە، [27] جىلغىغا جايلاشقان بەيت-هارام، بەيت-
نىمراھ، سۇككوت ۋە زافونلار، ھەشبوننىڭ پادىشاھى سىھوننىڭ
سەلتەنىتىنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قېتىدىكى قالغان
قىسمى، دەريانى ياقىلاپ كىننەرەت دېڭىزىنىڭ ئۇ بېشىغىچە ئىدى.
[28] گادلارنىڭ جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە ئۇلارغا بۆلۈنگەن مىراسى
مانا بۇ شەھەرلەر بىلەن كەنت-قىشلاقلىرى ئىدى.
[29] مۇسا ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىگىمۇ مىراس بەرگەنىدى؛
ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە
بۇ مىراس بۆلۈپ بېرىلگەنىدى: — [30] زېمىنلىرى ماھانايىمدىن
تارتىپ، پۈتكۈل باشان زېمىنى، باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنىڭ
پۈتكۈل سەلتەنىتىنىڭ زېمىنى ۋە يائىرنىڭ بارلىق يېزا-كەنتلىرى
(بۇ يېزا-كەنتلەر باشاننىڭ ئۆزىگە جايلاشقان بولۇپ، جەمئىي
ئاتمىش ئىدى)، [31] گىلېئادنىڭ يېرىمى بىلەن باشان پادىشاھى
ئوگنىڭ سەلتەنىتىدىكى ئاشتاروت ۋە ئەدرەي شەھەرلىرى
ماناسسەھنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئەۋلادىغا تەۋە قىلىنغان بولۇپ،
ماكىرلارنىڭ يېرىم قىسمىغا جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە مىراس
قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەنىدى.
[32] مۇسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق قېتىدا، يېرىخونىڭ ئۇدۇلىدا،
موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە بولغان ۋاقتىدا بۆلۈپ بەرگەن مىراسلار
مانا بۇ زېمىنلار ئىدى.
[33] لېكىن مۇسا لاۋىي قەبىلىسىگە ھېچ مىراس زېمىننى تەقدىم
قىلمىدى؛ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئۇلارغا ئېيتقىنىدەك،
ئۇ ئۆزى ئۇلارنىڭ مىراسىدۇر.

---

**30:13** چۆل. 14:32؛ قان. 4:3، 14

32:13 **«مۇسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق قېتىدا، يېرىخونىڭ ئۇدۇلىدا، موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە بولغان ۋاقتىدا...»** — «چۆل.» 22-بابنى كۆرۈڭ.

**33:13** چۆل. 20:18؛ قان. 9:10؛ 2:18

## يەھۇداغا تەقدىم قىلىنغان زېمىنلار

14 [1] ئىسرائىللارنىڭ قانائان زېمىنىدىن ئالغان مىراسلىرى
تۆۋەندىكىدەك؛ ئەلئازار كاھىن بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا
ۋە ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىكى جەمەت-ئائىلە باشلىقلىرى مۇشۇ
مىراسلارنى ئۇلارغا بۆلۈپ بەرگەن. [2] پەرۋەردىگار مۇسانىڭ ۋاستىسى
بىلەن توققۇز يېرىم قەبىلە توغرىسىدا بۇيرۇغىنىدەك، ئۇلارنىڭ
ھەربىرىنىڭ ئۈلۈشى چەك تاشلاش بىلەن بۆلۈپ بېرىلدى. [3] چۈنكى
قالغان ئىككى قەبىلە بىلەن ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ
مىراسىنى بولسا مۇسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۇلارغا
تەقسىم قىلغانىدى؛ لېكىن ئۇ لاۋىيلارغا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
ھېچ مىراس بەرمىگەنىدى [4] (يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى ماناسسەھ ۋە
ئەفرائىم دېگەن ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنگەنىدى. لاۋىيلارغا بولسا،
تۇرۇشقا بولىدىغان شەھەرلەر بېكىتىلىپ، شۇنداقلا شۇ شەھەرلەرگە
تەۋە يايلاقلاردىن چارپايلىرىنى باقىدىغان ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى
ئورۇنلاشتۇرىدىغان يەرلەردىن باشقا ئۇلارغا ھېچ ئۈلۈشلەرنى
بەرمىگەنىدى).
[5] پەرۋەردىگار مۇساغا قانداق بۇيرۇغان بولسا، ئىسرائىللار شۇنداق
قىلىپ زېمىننى بۆلۈشۈۋالدى.

## كالەبكە تەقدىم قىلىنغان زېمىن

[6] يەھۇدالار گىلگالغا، يەشۇئانىڭ قېشىغا كەلدى، كەنىززىي
يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەب يەشۇئاغا مۇنداق دېدى: _ «پەرۋەردىگار ئۆز
ئادىمى بولغان مۇساغا مەن بىلەن سېنىڭ توغراڭدا قادەش-بارنېئادا
نېمە دېگەنلىكىنى بىلىسەنغۇ؛ [7] پەرۋەردىگارنىڭ ئادىمى مۇسا مېنى
قادەش-بارنېئادىن زېمىننى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەندە، مەن قىرىق

1:14 چۆل. 17:34
2:14 چۆل. 55:26
6:14 چۆل. 24:14؛ قان. 36:1

ياشتا ئىدىم؛ چىن ئىتىقادلىق كۆڭلۈم بىلەن ئۇنىڭغا خەۋەر يەتك
ۈزگەنىدىم. 8 ئەمما مەن بىلەن چىققان قېرىنداشلىرىم خەلقنىڭ
كۆڭلىنى سۇ قىلىۋەتكەنىدى. لېكىن مەن بولسام پۈتۈن قەلبىم بىلەن
پەرۋەردىگار خۇدايىمغا ئەگەشتىم. 9 ئۇ كۈنى مۇسا قەسەم قىلىپ:
— «سەن پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئەگەشكىنىڭ
ئۈچۈن، سېنىڭ پۇتۇڭ دەسسىگەن زېمىن جەزمەن ئەبەدگىچە سېنىڭ
بىلەن نەسلىڭنىڭ مىراسى بولىدۇ» — دېگەنىدى. 10 — مانا ئىسرائىل
چۆلدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە، پەرۋەردىگار مۇساغا شۇ سۆزلەرنى
دېگەن كۈندىن كېيىنكى قىرىق بەش يىل ئىچىدە ئۆزى ئېيتقىنىدەك
مېنى تىرىك ساقلىدى. مانا مەن بۈگۈن سەكسەن بەش ياشقا كىردىم.
11 مەن مۇشۇ كۈندىمۇ مۇسا مېنى چارلاشقا ئەۋەتكەن كۈندىكىدەك
كۈچلۈكمەن، مەيلى جەڭ قىلىش بولسۇن ياكى بىر يەرگە بېرىپ-
كېلىش بولسۇن، مېنىڭ يەنىلا بالدۇرقىدەك كۈچ-دەرمانىم باردۇر.
12 ئەمدى پەرۋەردىگار شۇ كۈنىدە ۋەدە قىلغان بۇ تاغلىق يۇرتنى ماڭا
مىراس قىلىپ بەرگىن؛ چۈنكى ئۇ كۈنى سەنمۇ ئۇ يەردە ئاناكىيلار
تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا چوڭ ھەم مۇستەھكەم شەھەرلەر
بارلىقىنى ئاڭلىدىڭغۇ. لېكىن پەرۋەردىگار مەن بىلەن بىللە بولسىلا،
پەرۋەردىگار ئېيتقىنىدەك مەن ئۇلارنى قوغلىۋېتىمەن».
13 بۇنى ئاڭلاپ يەشۇئا يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەبكە بەخت-بەرىكەت
تىلەپ، ھېبروننى ئۇنىڭغا مىراس قىلىپ بەردى. 14 شۇڭا ھېبرون
تاكى بۈگۈنگىچە كەنىززىي يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەبنىڭ مىراسى

---

**7:14 «چىن ئىتىقادلىق كۆڭلۈم بىلەن»** — ئىبرانىي تىلدا «پۈتۈن كۆڭلۈم بىلەن» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. چارلىغۇچىلاردىن پەقەت كالەب بىلەن يەشۇئالا زېمىن توغرۇلۇق ئادەمنىڭ ئىمان-ئىتىقادىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان خەۋەرلەرنى يەتكۈزگەنىدى («چۆل.» 13-14-باب).

**8:14** چۆل. 24:14

**11:14 «...بىر يەرگە بېرىپ-كېلىش بولسۇن...»** — ئىبرانىي تىلدا «چىقىش-كىرىش بولسۇن...» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**11:14** چۆل. 17:27؛ قان. 2:31

**12:14 «ئاناكىيلار»** — گىگانتلاردىن بولغان بىر قەبىلە.

بولۇپ تۇرماقتا؛ چۈنكى ئۇ پۈتۈن قەلبى بىلەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگارغا ئەگەشكەن 15 (ئىلگىرى ھېبرون بولسا كىرىئات-ئاربا
دەپ ئاتىلاتتى. ئاربا دېگەن ئادەم ئاناكىيلار ئارىسىدا ئەڭ داڭقى
چىققان ئادەم ئىدى). شۇنداق قىلىپ زېمىن جەڭدىن ئارام تاپتى.

## يەھۇدالارغا تەقدىم قىلىنغان زېمىننىڭ چېگراسى ۋە شەھەرلىرى

15 1 يەھۇدالار قەبىلىسىنىڭ مىراسى بولسا جەمەت-ئائىلىلىرى
بويىچە چەك تاشلىنىپ ئېرىشكەن زېمىن بولۇپ، جەنۇبىي
تەرەپىنىڭ ئۇچى ئېدومنىڭ چېگرىسىغا ۋە زىن چۆلىگە تۇتاشتى؛
2 جەنۇبىي چېگرىسى «شور دېڭىزى»نىڭ ئايىغىدىن، يەنى جەنۇبىي
تەرەپكە چوقچىيىپ چىققان قولتۇقتىن باشلىنىپ، 3 «سىرىق ئېشەك
داۋىنى»نىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئۆتۈپ، زىنغا تۇتاشتى؛ ئاندىن قادەش-
بارنېئانىڭ جەنۇبىنى ياقىلاپ ھەزرونغا ئۆتۈپ، ئاددارغا بېرىپ،
كاركائاھقا بۇرۇلۇپ، 4 ئازمونغا ئۆتۈپ مىسىر ئېقىنى بىلەن چىقىپ،
ئۇچى دېڭىزغا تاقىشاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى ئىدى.
5 شەرقىي چېگرىسى بولسا شور دېڭىزىدىن ئىئوردان دەرياسىنىڭ
دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىغىچە ئىدى؛ شىمالىي چېگرىسى بولسا
دېڭىزنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىدىن
باشلىنىپ، 6 ئاندىن بەيت-ھوگلاھغا بېرىپ، بەيت-ئاراباھنىڭ
شىمالىدىن ئۆتۈپ، رۇبەننىڭ ئوغلى بوھاننىڭ تېشىنىڭ قېشىغىچە
ئىدى؛ 7 ئاندىن چېگرا ئاقور جىلغىسىدىن دەبىرگە قاراپ ئۆتۈپ، ئۇ
يەردىن شىمال تەرىپىگە بۇرۇلۇپ، جىلغىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى

15:14 **«كىرىئات-ئاربا»** ــ «ئاربانىڭ يېزا-كەنتلىرى» دېگەن مەنىدە.
2:15 **«شور دېڭىزى»** ــ يەنە «ئۆلۈك دېڭىز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
2:15 چۆل. 4:34
3:15 **«سىرىق ئېشەك داۋىنى»** ــ ىبرانىي تىلىدا «ئاكراببىم داۋىنى»، بەزىدە شۇنداق ئاتىلىدۇ
4:15 **«ئۇچى دېڭىزغا تاقىشاتتى»** ــ بۇ دېڭىز «ئوتتۇرا دېڭىز»دۇر. **«ئۇلارنىڭ جەنۇبىي
چېگرىسى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «سىلەرنىڭ جەنۇبىي چېگراڭلار».

ئادۇممىمغا چىقىدىغان داۋاننىڭ ئۇدۇلىدىكى گىلگالغا يېتىپ
بېرىپ، ئاندىن ئەن-شەمەش سۇلىرىدىن ئۆتۈپ، ئەن-روگەل
بۇلىقىغا تۇتىشاتتى؛ [8]ئۇ يەردىن «بەن-ھىننومنىڭ جىلغىسى»غا
چىقىپ، يەبۇسىيلار ئېگىزلىكىدىن، يەنى يېرۇسالېمنىڭ جەنۇب
تەرىپىدىكى داۋاندىن ئۆتۈپ، ئاندىن ھىننوم جىلغىسىنىڭ
ئالدىغا، يەنى غەرب تەرەپكە، رەفايىيلارنىڭ جىلغىسىنىڭ شىمالىي
بېشىدىكى تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتى؛ [9]چېگرا بۇ تاغنىڭ
چوققىسىدىن نەفتوئاھ سۈيىنىڭ بۇلىقىغا بېرىپ، ئاندىن ئەفرون
تېغىدىكى شەھەرلىرىنىڭ يېنى بىلەن چىقىپ، ئۇ يەردىن بائالاھ
(يەنى كىرىئات-يېئارىم)غا يېتىپ بېرىپ، [10]ئاندىن بائالاھتىن
ئۆتۈپ، غەرب تەرىپىگە قايرىلىپ سېئىر تېغىغا بېرىپ، يېئارىم
تېغى (يەنى كېسالون)نىڭ شىمالىي باغرىدىن ئۆتۈپ، بەيت-
شەمەشكە چۈشۈپ، تىمناھتىن ئۆتتى؛ [11]ئاندىن شىمالغا قاراپ
ئەكروننىڭ داۋىنى بىلەن چىقىپ شىكرونغا ئۆتۈپ، بائالاھ تېغىنىڭ
يېنىغا تۇتىشىپ، يابنەئەلگە يېتىپ، ئاندىن ئۇچى دېڭىزغا
تاقاشقانىدى. [12]غەرب تەرىپىدىكى چېگرىسى بولسا «ئۇلۇغ دېڭىز»
بويلىرى ئىدى. يەھۇدالارنىڭ جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە ئۇلارغا
توختىتىلغان تۆت تەرىپىدىكى چېگرا مانا شۇ ئىدى.
[13]يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەبكە بولسا، پەرۋەردىگارنىڭ يەشۇئاغا
بەرگەن ئەمرى بويىچە، ئۇنىڭغا يەھۇدالارنىڭ ئارىسىدا بىر ئۈلۈش،
يەنى ئاناكنىڭ ئاتىسى ئاربانىڭ شەھىرى بولغان ھېبرون ئاتا
قىلىندى. [14]كالەب شۇ يەردىن شېشاي، ئاھىمان ۋە تالماي دېگەن
ئۈچ ئاناكىينى قوغلىۋەتتى؛ ئۇلار ئۈچى ئاناكنىڭ ئەۋلادى ئىدى.
[15]ئاندىن شۇ يەردىن چىقىپ، دەبىردە تۇرۇۋاتقانلارغا ھۇجۇم قىلدى

8:15 **«بەن-ھىننوم»** — «ھىننومنىڭ ئوغلى» دېگەن مەنىدە.
12:15 **«ئۇلۇغ دېڭىز»** — يەنى «ئوتتۇرا دېڭىز»
**12:15** چۆل. 6:34
**13:15** يە. 15:14؛ ھاك. 20:1
**14:15** ھاك. 10:1

**(ئىلگىرى دەبىرنىڭ نامى كىرىئات-سەفەر ئىدى). [16] كالەب: ــ كىمكى كىرىئات-سەفەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئالسا، ئۇنىڭغا قىزىم ئاكساھنى خوتۇنلۇققا بېرىمەن، دېگەنىدى.**
**[17] كالەبنىڭ ئۇكىسى كېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىيەل ئۇنى ئىشغال قىلدى، كالەب ئۇنىڭغا قىزى ئاكساھنى خوتۇنلۇققا بەردى. [18] شۇنداق بولدىكى، قىز ياتلىق بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا بارار چاغدا، ئېرىنى ئاتىسىدىن بىر پارچە يەر سوراشقا ئۈندىدى. ئاكساھ ئېشەكتىن چۈشۈشىگە كالەب ئۇنىڭدىن: ــ سېنىڭ نېمە تەلىپىڭ بار؟ ــ دەپ سورىدى.**
**[19] ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ مېنى ئالاھىدە بىر بەرىكەتلىگەيسەن؛ سەن ماڭا نەگەۋدىن قاغجىراق يەر بەرگەنىكەنسەن، ماڭا بىرنەچچە بۇلاقنىمۇ بەرگەيسەن، ــ دېدى. شۇنى دېۋىدى، كالەب ئۇنىڭغا ئۈستۈن بۇلاقلار بىلەن ئاستىن بۇلاقلارنى بەردى.**

**[20] تۆۋەندىكىلەر يەھۇدا قەبىلىسىگە ئۆلارنىڭ جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە تەگكەن مىراس ئۈلۈشلەردۇر: ــ**
**[21] يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ئېدوم چېگرىسى تەرەپتىكى شەھەرلەر: ــ كابزەئەل، ئېدەر، ياگۇر، [22] كىناھ، دىموناھ، ئادادا، [23] كەدەش، ھازور، يىتنان، [24] زىف، تەلەم، بېئالوت، [25] ھازور-ھادادتاھ، كېرىئوت-ھەزرون (يەنى ھازور)، [26] ئامام، سېما، مولاداھ، [27] ھازار-گادداھ، ھەشمون، بەيت-پەلەت، [28] ھازار-شۇئال، بەئەر-شېبا،**

---

15:18 **«ئاكساھ ئېشەكتىن چۈشۈشىگە كالەب ئۇنىڭدىن ... سورىدى»** ــ بۇ ئىش سەل سىرلىق تۇيۇلىدۇ. نېمىشقا ئوتنىيەلنىڭ ئۆزى بۇ تەلەپنى قويمايدۇ؟ 18-ئايەتكە قارىغاندا، پۇرسەت كەلگەندە، ئاكساھ ئۆزى دادىسىغا 19-ئايەتتىكى تەلەپنى قويىدۇ.
19:15 **«سەن ماڭا نەگەۋدىن قاغجىراق يەر بەرگەنىكەنسەن...»** ــ ئىبرانىي تىلدا پەقەت «سەن ماڭا نەگەۋدىن يەرنى بەرگەنىكەنسەن...» دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە دەبىر دېگەن شەھەر نەگەۋدە ئەمەس (نەگەۋ يەھۇدانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى چۆللۈك ئىدى)، بەلكى تاغلىق رايوندا ئىدى. لېكىن ئەتراپىدا سۇ ئاز بولغاچقا، ئاكساھ شۇ يەرنى «نەگەۋدەك (دېمەك، قاغجىراق) بىر يەر» دەپ پۈرىتىدۇ.

بىرزىئوتىيا، 29 بائالاھ، ئىجىم، ئېزەم، 30 ئەلتولاد، كېسىل، خورماھ،
31 زىكلاگ، مادماننا، سانسانناھ، 32 لىبائوت، شىلھىم، ئايىن ۋە
رىممون قاتارلىقلار جەمئىي يىگىرمە توققۇز شەھەر ۋە ئۇلارغا
قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار ئىدى.
33 شەفەلاھ ئويمانلىقىدىكى شەھەرلەر بولسا ئەشتائول، زورېئاھ،
ئاشناھ، 34 زانوئاھ، ئەن-گاننىم، تاپپۇئاھ، ئەنام،
35 يارمۇت، ئادۇللام، سوكوھ، ئازىكاھ، 36 شائارايىم، ئادىتائىم، گەدەراھ
ۋە گەدەروتائىم بولۇپ، جەمئىي ئون تۆت شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق
كەنت-قىشلاقلار ئىدى. 37 بۇلاردىن باشقا يەنە زىنان، ھاداشاھ،
مىگدال-گاد، 38 دىلېئان، مىزپاھ، يوقتەئەل، 39 لاقىش، بوزكات،
ئەگلون، 40 كاببون، لاھماس، قىتلىش، 41 گەدەروت، بەيت-داگون، نائاماھ
ۋە ماككەداھ بولۇپ، جەمئىي ئون ئالتە شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق
كەنت-قىشلاقلار ئىدى.
42 بۇنىڭدىن باشقا يەنە لىبناھ، ئېتەر، ئاشان، 43 يەفتاھ،
ئاشناھ، نەزىب، 44 كېئىلاھ، ئاقزىب ۋە مارەشاھ بولۇپ، جەمئىي
توققۇز شەھەر ۋە يەنە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلارمۇ بار
ئىدى؛ 45 يەنە ئەكرون بىلەن ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا-كەنتلەر،
46 شۇنداقلا ئەكروننىڭ غەرب تەرىپىدىن تارتىپ ئاشدودنىڭ
يېنىدىكى ھەممە شەھەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كەنت-قىشلاقلىرى
قوشۇلۇپ، 47 ئاشدود ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزىلار ۋە كەنت-
قىشلاقلار، گازا شەھىرى ۋە شۇنداقلا مىسىر ئېقىنىغىچە ۋە ئۇلۇغ
دېڭىزنىڭ قىرغىقىغىچە، ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزىلار ۋە كەنت-
قىشلاقلار بار ئىدى.

32:15 **«... جەمئىي يىگىرمە توققۇز شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار ئىدى»** ــ تىزىملانغان شەھەرلەر 29 ئەمەس، بەلكى 36 شەھەر؛ تىزىملانغان شەھەرلەرنىڭ ناملىرى بەلكىم «قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار»دىن بىرنەچچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك (مەسىلەن، 23- ۋە 25-ئايەتتىكى «ھازور»).

38:15 **«مىزپاھ»** ــ ياكى «مىزپەھ».

40:15 **«لاھماس»** ــ ياكى «لاھمام».

[48] تاغلىق رايوندىكى شەھەرلەر: ــ شامىر، ياتتىر، سوكوھ، [49] دانناھ،
كىرىئات-سانناھ (يەنى دەبىر)، [50] ئاناب، ئەشتەموھ، ئانىم، [51] گوشەن،
ھولون ۋە گىلوھ بولۇپ، جەمئىي ئون بىر شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق
كەنت-قىشلاقلار ئىدى.
[52] بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاراب، دۇماھ، ئېشان، [53] يانىم، بەيت-
تاپپۇئاھ، ئافىكاھ، [54] ھۇمتاھ، كىرىئات-ئاربا (يەنى ھېبرون) ۋە
زىئور بولۇپ، جەمئىي توققۇز شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-
قىشلاقلار بار ئىدى.
[55] بۇنىڭدىن باشقا يەنە مائون، كارمەل، زىف، يۇتتاھ، [56] يىزرەئەل،
يوكدېئام، زانوئاھ، [57] كايىن، گىبېئاھ ۋە تىمناھ بولۇپ، جەمئىي
ئون شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار بار ئىدى.
[58] بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھالھۇل، بەيت-زۇر، گەدور، [59] مائارات، بەيت-
ئانوت ۋە ئەلتەكون بولۇپ، جەمئىي ئالتە شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق
كەنت-قىشلاقلار بار ئىدى.
[60] بۇنىڭدىن باشقا يەنە كىرىئات-بائال (يەنى كىرىئات-يېئارىم) ۋە
رابباھ دېگەن ئىككى شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار بار
ئىدى.
[61] چۆلدىكى شەھەرلەر بولسا: ــ بەيت-ئاراباھ، مىددىن، سەكاكاھ،
[62] نىبشان، «شور شەھىرى» ۋە ئەن-گەدى، جەمئىي ئالتە شەھەر ۋە
ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار ئىدى.
[63] لېكىن يېرۇسالېمدا ئولتۇرۇقلۇق يەبۇسىيلارنى بولسا يەھۇدالار
قوغلىۋېتەلمىگەن؛ شۇڭا تا بۈگۈنگىچە يەبۇسىيلار يەھۇدالار بىلەن
يېرۇسالېمدا بىللە تۇرماقتا.

49:15 **«كىرىئات-سانناھ»** ــ ياكى «كىرىئات-سەفەر».

50:15 **«ئەشتەموھ»** ــ ياكى «ئەشتەموئا».

62:15 **«شور شەھىرى»** ــ ياكى «ئىر-ھاممەلاھ».

## يۈسۈپ قەبىلىسىنىڭ مىراسى ـ يەنى ئەفرائىم ۋە ماناسسەھ قەبىلىلىرىنىڭ مىراسى

16
[1] يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرىغا چەك تاشلىنىپ چىققان مىراس
زېمىن بولسا يېرىخوغا تۇتاش بولغان ئىئوردان دەرياسىدىن
تارتىپ، يېرىخونىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۆللەرگىچە بولغان يۇرتلار
ۋە يېرىخودىن چىقىپ، چۆلدىن ئۆتۈپ بەيت-ئەلنىڭ تاغلىق رايونىغا
سوزۇلغان يۇرتلار ئىدى. [2] چېگرىسى بەيت-ئەلدىن تارتىپ لۇزغا،
ئاندىن ئاركىيلارنىڭ چېگرىسىدىكى ئاتاروتقا يېتىپ، [3] ئاندىن
غەرب تەرىپىگە بېرىپ، يافلەتىيلەرنىڭ چېگرىسىغا تۇتىشىپ،
ئاستىن بەيت-ھورونىنىڭ چېتىگە چۈشۈپ، گەزەرگە بېرىپ دېڭىزدا
ئاخىرلىشاتتى. [4] يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى ماناسسەھ بىلەن
ئەفرائىملار ئېرىشكەن مىراس ئۈلۈشى مانا شۇ ئىدى.
[5] ئەفرائىملارنىڭ جەمەت-ئائىلىرى بويىچە ئالغان زېمىنىنىڭ
چېگرىسى تۆۋەندىكىدەك: ــ مىراس زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپتىكى
چېگرىسى ئاتاروت-ئادداردىن تارتىپ ئۈستۈن بەيت-ھورونغىچە
يېتىپ، [6] ئاندىن دېڭىزغا بېرىپ شىمالغا قاراپ مىكمىتاتقا چىقتى؛
ئاندىن يەنە شەرق تەرىپىدىكى تائانات-شىلوھقا قايرىلىپ،
ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ شەرق تەرەپكە قاراپ يانوئاھقا، [7] يانوئاھدىن
چۈشۈپ ئاتاروت بىلەن نائاراتقا يېتىپ، يېرىخوغا تۇتىشىپ
ئىئوردان دەرياسىغا چىقتى.
[8] چېگرا تاپپۇئاھدىن غەرب تەرەپكە چىقىپ كاناھ ئېقىنىغىچە
بېرىپ، دېڭىزغا يېتىپ ئاياغلاشتى. ئەفرائىمنىڭ قەبىلىسىگە،
يەنى ئۇلارنىڭ جەمەت-ئائىلىلىرىگە تەگكەن مىراس ئۈلۈشى
شۇ ئىدى. [9] بۇنىڭدىن باشقا ئەفرائىملار ئۈچۈن ماناسسەھنىڭ
مىراسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە شەھەرلەر ئايرىلغانىدى؛ بۇ
ئايرىلغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى قاراشلىق كەنت-قىشلاقلىرى
بىلەن قوشۇلغانىدى. [10] ئەمما ئەفرائىملار گەزەردە ئولتۇرۇشلۇق

1:16 **«شەرق تەرىپىدىكى كۆللەرگىچە»** ــ ياكى «شەرق تەرىپىدىكى بۇلاقلارغىچە».

قانائانىيلارنى قوغلىۋەتمىگەنىدى؛ شۇڭا قانائانىيلار تا بۈگۈنگىچە ئەفرائىمنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، مەخسۇس ھاشارچى مەدىكارلار بولۇپ تۇرماقتا.

## ماناسسەھنىڭ مىراسى

17 [1] ماناسسەھ يۈسۈپنىڭ تۇنجى ئوغلى بولغاچقا، ئۇنىڭ
قەبىلىسىگىمۇ چەك تاشلىنىپ مىراس بېرىلگەن.
ماناسسەھنىڭ تۇنجى ئوغلى ماكىرنىڭ ئەۋلادلىرى (ماكىر
گىلېئادنىڭ ئاتىسى ئىدى) باتۇر پالۋان بولغاچقا، ئۇلارغا گىلېئاد
بىلەن باشان مىراس قىلىپ بېرىلدى. [2] ماناسسەھنىڭ قالغان
ئەۋلادلىرىمۇ، جۈملىدىن ئابىئېزەرلەر، ھەلەكلەر، ئاسرىئەللەر،
شەكەملەر، ھەفەرلەر بىلەن شېمىدالار ئۆز جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە
مىراس ئۈلۈشىنى ئالدى. بۇلار بولسا يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسەھنىڭ
ئەر جەمەت ئائىلىلىرى ئىدى.
[3] ئەمدى ماناسسەھنىڭ چەۋرىسى، ماكىرنىڭ ئەۋرىسى، گىلېئادنىڭ
نەۋرىسى، ھەفەرنىڭ ئوغلى زەلوفىھادنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرى يوق
بولۇپ، پەقەت قىزلىرىلا بار ئىدى. ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىسىملىرى
ماھلاھ، نوئاھ، ھوگلاھ، مىلكاھ ۋە تىرزاھ ئىدى. [4] ئۇلار كاھىن ئەلئازار
بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ۋە ئەمىرلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا:
— پەرۋەردىگار مۇساغا بىز تۇغرۇلۇق قېرىنداشلىرىمىز قاتارىدا
مىراس بېرىشكە ئەمر قىلغانىدى، دېدى. شۇنى دېۋىدى، يەشۇئا
پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ قېرىنداشلىرى

---

1:17 «... ئۇلارغا گىلېئاد بىلەن باشان مىراس قىلىپ بېرىلدى» — ئىبرانىي تىلىدا «... ئۇنىڭغا گىلېئاد بىلەن باشان مىراس قىلىپ بېرىلدى». مۇقەددەس كىتابتا پۈتۈن بىر جەمەت بەزىدە پەقەت ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ بىر ئادەمدەك كۆرسىتىلىدۇ.

1:17 يار. 20:46

3:17 چۆل. 33:26؛ 1:27

**قاتارىدا ئۇلارغا مىراس بەردى. [5] بۇنىڭ بىلەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ**
**تەرىپىدىكى گىلېئاد بىلەن باشان زېمىنلىرىدىن باشقا، ماناسسەهكە**
**يەنە ئون ئۈلۈش يەر بېرىلدى. [6] چۈنكى ماناسسەهنىڭ قىزلىرى ئۇنىڭ**
**ئوغۇللىرىنىڭ قاتارىدا مىراسقا ئىگە بولغانىدى؛ گىلېئاد زېمىنى**
**ماناسسەهنىڭ قالغان ئەۋلادلىرىغا تەگكەنىدى.**
**[7] ماناسسەهنىڭ زېمىنىنىڭ چېگرىسى بولسا ئاشىردىن تارتىپ**
**شەكەمنىڭ ئۇتتۇرىدىكى مىكمىتاتقا بېرىپ، ئاندىن جەنۇب**
**تەرىپىگە قايرىلىپ، ئەن-تاپپۇئاھدا تۇرغۇچىلارنىڭ جايىغىچە**
**تۇتىشاتتى. [8] چۈنكى تاپپۇئاھنىڭ زېمىنى بولسا ماناسسەهكە**
**تەگكەنىدى؛ لېكىن ماناسسەهنىڭ چېگرىسىدىكى تاپپۇئاھ**
**شەھىرى ئەفرائىمغا تەۋە ئىدى. [9] چېگرىسى ئۇ يەردىن كاناھ ئېقىنىغا**
**چۈشۈپ، جىلغىنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن چىقتى. ئۇ يەردىكى**
**شەھەرلەر بولسا ماناسسەهنىڭ شەھەرلىرىنىڭ ئارىسىدا بولسىمۇ،**
**ئەفرائىمغا تەگدى. ماناسسەهنىڭ چېگرىسى جىلغىنىڭ شىمال**
**تەرىپى بىلەن بېرىپ دېڭىزغا يېتىپ ئاخىرلىشاتتى. [10] جىلغىنىڭ**
**جەنۇب تەرىپىدىكى زېمىن ئەفرائىمغا، شىمال تەرىپىدىكى زېمىن**
**ماناسسەهكە تەۋە ئىدى؛ غەرب تەرىپىنىڭ چېگرىسى دېڭىز ئىدى.**
**ئۇلارنىڭ زېمىنى شىمال تەرىپىدە ئاشىرنىڭ ئۈلۈشىگىچە يېتىپ،**
**شەرق تەرىپى ئىسساكارنىڭ ئۈلۈشىگە تۇتاشقانىدى.**
**[11] ماناسسەهكىمۇ ئىسساكار بىلەن ئاشىرنىڭ ئۈلۈشلىرى ئىچىدىن**
**بەيت-شېئان ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەنتلەر، ئىبلېئام بىلەن ئۇنىڭغا**
**قاراشلىق كەنتلەر، دور ئاھالىسى بىلەن دورغا قاراشلىق كەنتلەر، ئەن-**
**دور ئاھالىسى بىلەن ئەن-دورغا قاراشلىق كەنتلەر، تائاناق ئاھالىسى**

**4:17** چۆل. 7:27؛ 2:36

**6:17 «ماناسسەهنىڭ قىزلىرى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قاتارىدا...»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ماناسسەهنىڭ قىزلىرى» ۋە «ئوغۇللىرى» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قىز ئەۋلادلىرى ۋە ئوغۇل ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**7:17 «جەنۇب تەرىپى»** ــ مۇشۇ يەردە ئىبرانيي تىلىدا «ئوڭ تەرىپى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

بىلەن تائاناقتا قاراشلىق كەنتلەر ۋە مىگىددو ئاھالىسى بىلەن
مىگىددوغا قاراشلىق كەنتلەر، يەنى «ئۈچ ئېگىزلىك» دېگەن يۇرت
تەگدى. [12] لېكىن ماناسسەھ بۇ شەھەردىكىلەرنى قوغلىۋېتەلمىدى؛
قانائانىيلار شۇ يۇرتلاردا تۇرۇۋېرىشكە نىيەت باغلىغانىدى.
[13] ئىسرائىللار بارغانسېرى كۈچەيگەچكە قانائانىيلارنى ئۆزلىرىگە
ھاشارچى قىلىپ بېقىندۇردى، لېكىن ئۇلارنى ئۆز يەرلىرىدىن مۇتلەق
قوغلىۋېتەلمىدى.

[14] يۇسۇپلەر بولسا يەشۇئاغا: ــ بىزلەر پەرۋەردىگار ھازىرغىچە شۇنداق
بەرىكەتلەپ كەلگەن، چوڭ بىر خەلق تۇرساق، سەن نېمىشقا چەك
تاشلاش بىلەن بىزگە پەقەت بىر ئۈلۈش مىراس، بىر پارچە يەرلا
بەردىڭ؟ ــ دېدى.
[15] يەشۇئا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئەگەر سىلەر چوڭ بىر خەلق بولساڭلار،
ئەفرائىمنىڭ تاغلىق يۇرتى سىلەرگە تار كەلگەن بولسا، ئورمانغا
بېرىپ ئۇ يەردىكى پەرىززىيلەر بىلەن گىگانت رەفايىيلار يۇرتىدا
دەرەخلەرنى كېسىپ، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بىر جاينى چىقىرىۋېلىڭلار،
دېدى.

[16] لېكىن يۇسۇپلەر: ــ تاغلىق يۇرت بىزگە يەتمەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا جىلغىدا تۇرۇۋاتقانلار، مەيلى بەيت-شېئاندا ۋە ئۇنىڭغا
قاراشلىق كەنتلەردە بولسۇن ياكى يىزرەئەل جىلغىسىدا تۇرۇۋاتقان
قانائانىيلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ تۆمۈردىن جەڭ ھارۋىلىرى بار
ئىكەن، دېدى.
[17] شۇنداق دېۋىدى، يەشۇئا يۇسۇپ جەمەتى بولغان ئەفرائىم بىلەن
ماناسسەھكە سۆز قىلىپ: ــ سىلەر دەرۋەقە چوڭ بىر خەلقسىلەر

---

11:17 **«بەيت-شېئان»** ــ بەزىگە «بەيت-شان» دېيىلىدۇ. **««ئۈچ ئېگىزلىك»دېگەن يۇرت»** ــ باشقا بىرنەچچە تەرجىمىلىرىنى ئۈچرىشى مۇمكىن.

**12:17** ھاك. 27:1

ۋە زور كۆچۈۋۈڭلار باردۇر؛ شۇڭا سىلەرگە پەقەت بىر ئۈلۈشلا مىراس بېرىلسە بولمايدۇ؛ [18] ئاشۇ پۈتكۈل تاغلىق يۇرتمۇ سىلەرگە بېرىلىدۇ؛ گەرچە ئۇ ئورمانلىق بولسىمۇ، سىلەر ئۇنى كېسىپ بوشىتىسىلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغىمۇ ئىگە بولىسىلەر؛ قانائانىيلارنىڭ تۆمۈر جەڭ هارۋىلىرى بار، شۇنداقلا كۈچلۈك بولسىمۇ، سىلەر ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتەلەيسىلەر، ــ دېدى.

## شىلوھدا يىغىلىش ـ قالغان يەتتە قەبىلىنىڭ مىراسى

18 [1] پۈتكۈل ئىسرائىللار جامائىتى شىلوھقا يىغىلىپ، ئۇ يەردە ئىبادەت چېدىرى تىكتى. گەرچە زېمىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، [2] لېكىن ئىسرائىللار ئارىسىدا ئۆز مىراس ئۈلۈشى تېخى تەقسىم قىلىنمىغان يەتتە قەبىلە قالغانىدى. [3] شۇڭا يەشۇئا ئىسرائىللارغا مۇنداق دېدى: ــ «ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار سىلەرگە بەرگەن بۇ زېمىننى قولۇڭلارغا ئېلىشقا سۇسلۇق قىلىپ قاچانغىچە كېيىنگە سۈرىسىلەر؟ [4] سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ھەر قەبىلىدىن ئۈچ ئادەمنى تاللاڭلار؛ مەن ئۇلارنى قوزغىلىپ بۇ پۈتكۈل زېمىننى ئايلىنىپ چىقىپ، ئۇنى ھەربىر قەبىلە ئۆز مىراس ئۈلۈشىگە مۇۋاپىق سىزىپ-خاتىرىلەشكە، ئاندىن قېشىمغا يېنىپ كېلىشكە ئەۋەتىمەن. [5] ئۇلار زېمىننى يەتتە ئۈلۈشكە بۆلسۇن؛ لېكىن يەھۇدا قەبىلىسى بولسا جەنۇبتىكى ئۆز ئۈلۈش زېمىنىدا تۇرىۋەرسۇن، يۈسۈپنىڭ جەمەتىمۇ شىمال تەرەپتىكى ئۆز ئۈلۈش زېمىنىدا تۇرىۋەرسۇن. [6] سىلەر زېمىننى يەتتە ئۈلۈشكە بۆلۈپ، پاسىلىنى خاتىرىلەپ سىزىپ يېنىمغا كېلىڭلار؛ ئاندىن مەن پەرۋەردىگار

---

18:17 «ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغىمۇ ئىگە بولىسىلەر» ــ دېمەك، پەقەت تاغلىق رايونغا ئەمەس، بەلكى ئەتراپىدىكى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىلاردا تۇرغان قانائانىيلارنى ھەيدىۋېتىپ، شۇ يەرلەرگىمۇ ئىگە بولىسىلەر.

1:18 «شىلوھ» ــ مۇقەددەس چېدىر تۇنجى تىكلەنگەن شەھەر ئىدى.

خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا بۇ يەردە سىلەر ئۈچۈن چەك تاشلايمەن. [7] ئەمما لاۋىيلارنىڭ بولسا، ئاراڭلاردا ئۈلۈشى بولمايدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىقى ئۇلارنىڭ مىراسىدۇر. گاد بىلەن رۇبەن ۋە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسى بولسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتى، شەرق تەرىپىدە پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى بولغان مۇسا ئۇلارغا مىراس قىلىپ بەرگەن يەرلەرنى ئاللىقاچان ئالغاندۇر».

[8] زېمىننى خاتىرىلەشكە بېكىتكەن كىشىلەر قوزغىلىپ يولغا چىققاندا، يەشۇئا ئۇلارغا قاتتىق جېكىلەپ: ــ سىلەر بېرىپ زېمىننى ئايلىنىپ، ئۇنى سىزىپ-خاتىرىلەپ مېنىڭ قېشىمغا يېنىپ كېلىڭلار؛ ئاندىن مەن مۇشۇ يەردە، شىلوھنىڭ ئۆزىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن چەك تاشلايمەن، دېدى.

[9] شۇنداق دېيۈدى، بۇ ئادەملەر بېرىپ زېمىننى ئايلىنىپ، ئۇنى سىزىپ-خاتىرىلەپ، شەھەرلەر بويىچە يەتتە ئۈلۈشكە بۆلۈپ، خاتىرىگە سىزىپ، شىلوھدىكى چېدىرگاھقا، يەشۇئانىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى.

[10] ئاندىن يەشۇئا شىلوھدا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن چەك تاشلىدى ۋە شۇ يەردە قەبىلە-جەمەتى بويىچە زېمىننى ئىسرائىللارغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

## بىنيامىننىڭ مىراسى

[11] بىنيامىنلار قەبىلىسىگە جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە چەك تارتىلدى؛ ئۇلار چەك ئارقىلىق ئېرىشكەن زېمىن يەھۇدالار بىلەن يۈسۈپلەرنىڭ زېمىنى ئوتتۇرىسىدىكى يۇرت بولدى. [12] ئۇلارنىڭ شىمالىي چېگرىسى ئىئوردان دەرياسىدىن باشلاپ، يېرىخونىڭ شىمال تەرىپىدىكى داۋاننى يانداپ، غەرب تەرىپىگە قاراپ تاغلىق يۇرتقا چىقىپ ۋە بەيت-ئاۋەننىڭ چۆلىگە تۇتىشاتتى؛ [13] ئاندىن لۇزغا چىقىپ، لۇز، يەنى بەيت-ئەلنىڭ جەنۇب تەرىپىنى يانداپ ئۆتۈپ،

12:18 يە. 2:7

ئاستىن بەيت-ھوروننىڭ جەنۇبىدىكى تاغقا يېقىن ئاتاروت-ئاددارغا
چۈشتى؛ [14] چېگرا شۇ يەردىن ئۆتۈپ غەربتىن جەنۇبقا قايرىلىپ،
بەيت-ھوروننىڭ جەنۇبىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغدىن يەھۇدالارنىڭ
شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان كىرىئات-بائال (يەنى كىرىئات-يېئارىم)
غا تۇتاشتى. بۇ غەرب تەرەپنىڭ چېگرىسى ئىدى. [15] جەنۇب تەرەپنىڭ
چېگرىسى كىرىئات-يېئارىمنىڭ چېتىدىن باشلاپ غەرب تەرىپىگە
مېڭىپ، نەفتوئاھتىكى سۇ مەنبەسىگە تۇتاشتى؛ [16] چېگرا ئاندىن
رەفايىيلارنىڭ جىلغىسىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بەن-
ھىننومنىڭ جىلغىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغنىڭ بېشىغا چۈشۈپ،
ئاندىن ھىننومنىڭ جىلغىسى بىلەن يەنە چۈشۈپ، يەبۇسىيلارنىڭ
ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن مېڭىپ، ئاندىن ئەن-روگەل
بۇلىقىغا يەتتى؛ [17] ئاندىن شىمال تەرىپىگە قايرىلىپ ئەن-شەمەش
بۇلىقىدىن ئۆتۈپ، ئادۇللام داۋىنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى گەلىلوتقا
بېرىپ، رۇبەننىڭ ئوغلى بوھاننىڭ تېشىغا چۈشۈپ، [18] ۋە ئاراباھ
تۈزلەڭلىكىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئېگىزلىكتىن ئۆتۈپ، ئاراباھ
تۈزلەڭلىكىگە چۈشتى. [19] ئاندىن چېگرا شىمال تەرىپىگە چىقىپ
بەيت-ھوگلاھنىڭ داۋىنىغا تۇتىشىپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي
ئېغىزىدا، يەنى شور دېڭىزنىڭ شىمالىي قولتۇقىدا ئاخىرلاشتى.
بۇ جەنۇب تەرەپنىڭ چېگرىسى ئىدى. [20] شەرق چېگرىسى بولسا
ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ بىنيامىنلارنىڭ ئۈلۈشى بولۇپ،
ئۇلارغا جەمەت-ئائىلىرى بويىچە توختىتىلغان مىراس زېمىنىنىڭ
چېگرىسى شۇ ئىدى.
[21] بىنيامىنلار قەبىلىسىگە جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە تەگكەن
شەھەرلەر بولسا تۆۋەندىكىلەردۇر: ــ يېرىخو، بەيت-ھوگلاھ، ئېمەك-

---

15:18 **«نەفتوئاھتىكى سۇ مەنبەسىگە»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نەفتوئاھتىكى سۇلارنىڭ بۇلىقىغا».

**16:18** يە. 7:15، 8

**17:18** يە. 6:15

كەزىز، [22]بەيت-ئاراباھ، زەمارايىم، بەيت-ئەل، [23]ئاۋۋىم، پاراھ،
ئوفراھ، [24]كەفار-ھائامموناي، ئوفنى ۋە گېبا بولۇپ، جەمئىي ئون ئىككى
شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار ئىدى؛ [25]بۇنىڭدىن باشقا
گىبېئون، راماھ، بەئەروت، [26]مىزپاھ، كەفىراھ، موزاھ، [27]رەكەم، ئىرپەئەل،
تارالاھ، [28]زەلاھ، ھا-ئەلەف، يەبۇسى (يەنى يېرۇسالېم)، گىبېئاھ ۋە
كىرىئات بولۇپ، جەمئىي ئون تۆت شەھەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەنت-
قىشلاقلارمۇ بار ئىدى. بۇ بولسا بىنيامىنلارنىڭ مىراس ئۈلۈشى بولۇپ،
جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە ئۇلارغا بېرىلگەنىدى.

## شىمېئوننىڭ مىراسى

19 [1]ئىككىنچى چەك شىمېئونغا چىقتى، يەنى شىمېئونلار
قەبىلىسىگە جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە تارتىلدى؛ ئۇلارنىڭ
مىراسى بولسا يەھۇدالارنىڭ مىراس ئۈلۈشىنىڭ ئارىسىدا ئىدى.
[2]ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن مىراسى ئىچىدە بەئەر-شېبا، شېبا، مولاداھ،
[3]ھازار-شۇئال، بالاھ، ئېزەم، [4]ئەلتولاد، بېتۇل، خورماھ، [5]زىكلاگ، بەيت-
ماركابوت، ھازار-سۇساھ، [6]بەيت-لىبائوت ۋە شارۇھەن بولۇپ، جەمئىي
ئون ئۈچ شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار ئىدى.
[7]بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئايىن، رىممون، ئېتەر، ئاشان بولۇپ، جەمئىي
تۆت شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار [8]ھەمدە جەنۇب
تەرەپتىكى بائالات-بەئەر (يەنى جەنۇبدىكى راماھ)غىچە بولغان بۇ
تۆت شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە كەنت-قىشلاقلارمۇ بار ئىدى.
بۇلار شىمېئونلار قەبىلىسىنىڭ ئۈلۈشى بولۇپ، جەمەت-ئائىلىلىرى
بويىچە ئېرىشكەن مىراسى ئىدى.
[9]شىمېئونلارنىڭ مىراس ئۈلۈشى يەھۇدالارنىڭ ئۈلۈشىنىڭ ئىچىدىن
ئېلىپ بېرىلدى؛ چۈنكى يەھۇدالارنىڭ مىراس ئۈلۈشى ئۆزلىرىگە
كۆپلۈك قىلغانىدى، شۇڭا شىمېئونلارنىڭ مىراس ئۈلۈشى ئۇلارنىڭ
مىراس ئۈلۈشىنىڭ ئىچىدىن بېرىلدى.

28:18 **«ھا-ئەلەف»** ــ ياكى پەقەت «ئەلەف» (مەنىسى «مىڭ»).

## زەبۇلۇننىڭ مىراسى

10 ئۈچىنچى چەك زەبۇلۇنلار قەبىلىسىگە جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە
تارتىلدى؛ ئۇلارنىڭ مىراس چېگرىسى سارىدقا باراتتى، 11 چېگرىسى
غەرب تەرەپتە مارېئالاھقا بېرىپ داببەشەتكە يېتىپ يوكنېئامنىڭ
ئۇدۇلىدىكى ئېقىنغا تۇتىشاتتى؛ 12 ئۇ سارىدتىن شەرق تەرىپىگە
قايرىلىپ، كۈن چىقىشقا بۇرۇلۇپ كىسلوت-تابور يۇرتىغا تۇتىشىپ،
دابىراتقا ئۆتۈپ، يافىياغا باردى؛ 13 ئاندىن شۇ يەردىن ئۇ شەرق تەرىپىگە
كۈن چىقىشقا يەنە بۇرۇلۇپ، گات-ھەفەر ۋە ئەت-كازىنغا كېلىپ
نېئاھقا سوزۇلغان رىممون يۇرتىغا يېتىپ باردى. 14 ئاندىن ئۇ يەردىن
شىمال تەرەپكە قايرىلىپ، ھانناتونغا يېتىپ بېرىپ، يىفتاھ-ئەلنىڭ
جىلغىسىدا ئاخىرلاشتى. 15 ئۇلارنىڭ ئۈلۈشى يەنە كاتتات، ناھالال،
شىمرون، يىدالاھ ۋە بەيت-لەھەمنىمۇ ئوراپ، جەمئىي ئون ئىككى
شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
16 بۇ بولسا، يەنى بۇ شەھەرلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار
زەبۇلۇنلارنىڭ مىراس ئۈلۈشى بولۇپ، جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە
ئۇلارغا بېرىلگەندى.

## ئىسساكارنىڭ مىراسى

17 تۆتىنچى چەك ئىسساكارغا چىقتى، يەنى ئىسساكارلار قەبىلىسىگە
جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە تارتىلدى؛ 18 ئۇلارغا بېرىلگەن يۇرتلار
يىزرەئەلگىچە بولۇپ، كەسۇللوت، شۇنەم، 19 ھافارئايىم، شىئون، ئاناھارات،
20 راببىت، كىشىئون، ئېبەز، 21 رەمەت، ئەن-گاننىم، ئەن-ھادداھ ۋە بەيت-
پاززەزنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ 22 ئاندىن چېگرىسى تابور، شاھازىماھ ۋە بەيت-
شەمەشكە يېتىپ، ئىئوردان دەرياسىدا ئاخىرلاشتى؛ ئۇلارنىڭ ئۈلۈشى
جەمئىي ئون ئالتە شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار ئىدى.
23 بۇ بولسا، يەنى بۇ شەھەرلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار
ئىسساكارلارنىڭ مىراس ئۈلۈشى بولۇپ، جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە
ئۇلارغا بېرىلگەندى.

## ئاشىرنىڭ مىراسى

[24] بەشىنچى چەك ئاشىرلار قەبىلىسىگە جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە
تارتىلدى؛ [25] ئۇلارنىڭ زېمىنى ھەلكات، ھالى، بەتەن، ئاقساف،
[26] ئاللاممەلەك، ئامېئاد ۋە مىشالنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ چېگرىسى غەرب
تەرەپتە كارمەل بىلەن شىھور-لىبناتقا تۇتىشىپ، [27] ئاندىن شەرق تەرەپكە
قايرىلىپ بەيت-داگونغا بېرىپ، زەبۇلۇن زېمىنى بىلەن يىفتاھ-ئەل
جىلغىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتۈپ، بەيت-ئېمەك بىلەن نېئىئەلگە
يېتىپ بېرىپ كابۇلنىڭ شىمال تەرىپىگە چىقتى؛ [28] ئېبرون، رەھوب،
ھاممون ۋە كاناھنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ چوڭ زىدونغا يېتىپ باردى.
[29] ئاندىن چېگرىسى راماھ تەرىپىگە قايرىلىپ، تۇر دېگەن مۇستەھكەم
شەھەرگە بېرىپ، خوساھقا قايرىلىپ، ئاقزىب بىلەن ھەبەلگە تۇتاش
بولغان دېڭىزدا ئاخىرلاشتى؛ [30] زېمىنى ئۇمماھ، ئافەك ۋە رەھوبنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالغان؛ جەمئىي يىگىرمە ئىككى شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق
كەنت-قىشلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.
[31] بۇ بولسا، يەنى بۇ شەھەرلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار
ئاشىرلارنىڭ مىراس ئۈلۈشى بولۇپ، جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە ئۇلارغا
بېرىلگەنىدى.

## نافتالىنىڭ مىراسى

[32] ئالتىنچى چەك نافتالىغا چىقتى، يەنى نافتالىلار قەبىلىسىگە جەمەت-
ئائىلىلىرى بويىچە تارتىلدى؛ [33] ئۇلارنىڭ چېگرىسى بولسا ھەلەفتىن
چىقىپ، زائانانىمدىكى دۇب دەرىخىدىن ئۆتۈپ، ئادامى-نەكەب ۋە
يابنەئەلدىن چىقىپ، لاككۇمغا يېتىپ ئىئوردان دەرياسىغا بېرىپ ئاخى
رلاشتى. [34] ئاندىن غەرب تەرەپكە قايرىلىپ ئازنوت-تابورغا بېرىپ، شۇ
يەردىن ھۇككوكقا چىقىپ، جەنۇبتا زەبۇلۇننىڭ ئۈلۈش زېمىنىغا تۇتىشىپ،

---

27:19 **«شىمال تەرىپى»** — ئىبرانىي تىلىدا «سول تەرىپى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
29:19 **«ئاقزىب بىلەن ھەبەلگە تۇتاش بولغان»** — ياكى «ئاقزىب يۇرتىنىڭ يېنىدا».
33:19 **«ئادامى-نەكەب»** — ياكى «ئادامى، نەكەب».

شىمالدا ئاشىرنىڭ ئۇلۇش زېمىنىغا يېتىپ، كۈن چىقىش تەرىپىدە
ئىئوردان دەرياسىنىڭ يېنىدا، يەھۇدانىڭ ئۇلۇش زېمىنىغا ئۇلاشتى.
35 نافتالىنىڭ مۇستەھكەم شەھەرلىرى زىددىم، زەر، ھاممات، راككات،
كىننەرەت، 36 ئاداماھ، راماھ، ھازور، 37 كەدەش، ئەدرەئي، ئەن-ھازور، 38 يىرون،
مىگدال-ئەل، ھورەم، بەيت-ئانات ۋە بەيت-شەمەشلەر بولۇپ، جەمئىي ئون
توققۇز شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار ئىدى.
39 بۇ بولسا، يەنى بۇ شەھەرلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار
نافتالىلار قەبىلىسىنىڭ مىراس ئۇلۇشى بولۇپ، جەمەت-ئائىلىلىرى
بويىچە ئۇلارغا بېرىلگەنىدى.

## دانىنىڭ مىراسى

40 يەتتىنچى چەك دانلارنىڭ قەبىلىسىگە چىقتى؛ ئۇ ئۇلارنىڭ جەمەت-
ئائىلىلىرى بويىچە تارتىلدى. 41 ئۇلارنىڭ مىراس زېمىنى بولسا
زورېئاھ، ئەشتائول، ئىر-شەمەش، 42 شائالاببىن، ئايجالون، يىتلاھ،
43 ئېلون، تىمناتاھ، ئەكرون، 44 ئەل-تەكەھ، گىببېتون، بائالات، 45 يەھۇد،
بەنە-باراك، گات-رىممون، 46 مە-ياركون، راككون ۋە يافونىڭ ئۇدۇلىدىكى
يۇرتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.
47 لېكىن دانلارنىڭ زېمىنى ئۆز قولىدىن كەتكەن بولغاچقا، دانلار
چىقىپ لەشەمگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلدى؛ ئاھالىسىنى
قىلىچلاپ يوقىتىپ، ئۇ يەرنى ئۆزىنىڭ قىلىپ ماكانلاشتى؛ ئاندىن
ئۇلار لەشەمگە ئاتىسى داننىڭ ئىسمىنى قويۇپ، ئۇنى دان دەپ ئاتىدى.
48 مانا بۇلار، يەنى بۇ شەھەرلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنت-قىشلاقلار
دانلار قەبىلىسىگە، ئۇلارنىڭ جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە مىراس
قىلىپ بېرىلگەنىدى.

42:19 **«شائالاببىن»** ــ ياكى «شائالبىم».

43:19 **«تىمناتاھ»** ــ ياكى «تىمناھ».

47:19 **«لېكىن دانلارنىڭ زېمىنى ئۆز قولىدىن كەتكەن بولغاچقا، دانلار چىقىپ...»** ــ
باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «لېكىن دانلارنىڭ زېمىنى شۇلار (شۇ شەھەرلەر) بىلەن چەكلەنگەن
بولغاچقا، دانلار چىقىپ...».

## يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ مىراس ئۈلۈشى

49 بۇ تەرىقىدە ئىسرائىللار زېمىننى چېگرا-چېگرا بويىچە بۆلۈپ
بولدى؛ ئاندىن ئۇلار نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئاغا ئۆز ئارىسىدىن مىراس
بۆلۈپ بەردى. 50 پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەشۇئا تىلىگىنىدەك
ئۇنىڭغا ئەفرائىم تاغلىق يۇرتىدىكى تىمنات-سېراھ دېگەن شەھەرنى
بەردى؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدا تۇردى.
51 مانا بۇلار ئەلئازار كاھىن بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ۋە
ئىسرائىلنىڭ قەبىلە-جەمەتلىرىنىڭ كاتتاباشلىرى بىر بولۇپ
شىلوھدا، جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا چەك تاشلاپ بۆلۈپ تەقسىم قىلغان
مىراسلاردۇر. بۇ تەرىقىدە ئۇلار زېمىننىڭ تەقسىماتىنى تۈگەتتى.

## پاناھلىق شەھەرلەر

20 1 پەرۋەردىگار يەشۇئاغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: —
2 سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگىن: — «ئۆزۈم مۇسانىڭ
ۋاسىتىسى بىلەن سىلەرگە بۇيرۇغانىدەك، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن «پاناھلىق
شەھەرلەر»نى تاللاپ بېكىتىڭلار؛ 3 بىلمەي، تاسادىپىيلىقتىن
ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ھەرقانداق كىشى ئۇ شەھەرلەرگە
قېچىپ كەتسۇن. بۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرلەر سىلەرگە قان
ئىنتىقامىنى ئالغۇچىدىن پاناھگاھ بولىدۇ. 4 ئادەمنى شۇنداق
ئۆلتۈرگەن كىشى بۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە قېچىپ بېرىپ،
شەھەرنىڭ قوۋۇقىغا كېلىپ، شۇ يەردە شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا
ئۆز ئەھۋالىنى ئېيتسۇن؛ ئۇلار ئۇنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ شەھەرگە
كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشىغا ئۇنىڭغا جاي
بەرسۇن.

---

2:20 مىس. 13:21؛ چۆل. 6:35؛ قان. 1:19، 2
4:20 چۆل. 22:35، 23؛ قان. 4:19، 5

5 ئەمدى قان قىساسىنى ئالغۇچى ئۇنى قوغلاپ كەلسە، ئۇلار ئادەم
ئۆلتۈرگەن كىشىنى قىساسكارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمىسۇن؛ چۈنكى
شۇ كىشىنىڭ بۇرۇندىن ئۆز قوشنىسىغا ھېچ ئۆچ-ئاداۋىتى بولمىغان،
بەلكى تاسادىپىي ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. 6 ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى
جامائەت ئالدىدا سوراق قىلىنغۇچە شۇ شەھەردە تۇرسۇن؛ ئاندىن شۇ
ۋاقىتتىكى باش كاھىن ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇ شۇ شەھەردىن ئايرىلىپ، ئۆز
شەھىرىگە، يەنى قېچىپ چىققان شەھەردىكى ئۆيىگە يېنىپ كەلسۇن.
7 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نافتالى تاغلىق يۇرتىدىكى كەدەشنى، ئەفرائىمنىڭ
تاغلىق يۇرتىدىكى شەكەمنى ۋە يەھۇدانىڭ تاغلىق يۇرتىدىكى
كىرىئات-ئاربا، يەنى ھېبروننى، 8 يېرىخونىڭ شەرق تەرىپىدىكى،
ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى رۇبەن قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن
تۈزلەڭلىكنىڭ چۆلىدىكى بەزەرنى، گاد قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن
گىلېئادتىكى راموتنى ۋە ماناسسەھ قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن
باشاندىكى گولاننى تاللاپ بېكىتتى.
9 مانا بۇ شەھەرلەر بارلىق ئىسرائىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان
مۇساپىرلار ئۈچۈن پاناھگاھ بولۇشقا بېكىتىلگەن شەھەرلەردۇر؛
كىمكى بىلمەي، تاسادىپىيلىقتىن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ
جامائەت ئالدىدا سوراق قىلىنىشىدىن بۇرۇن، قان قىساسكارنىڭ
قولىدا ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن شۇ شەھەرلەرگە قېچىپ كىرىشكە بۇ
شەھەرلەر بېكىتىلگەن.

## لاۋىيلارنىڭ تۇرۇشىغا شەھەرلەرنى بېكىتىش

21 1 ئۇ ۋاقىتتا لاۋىي جەمەتلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى كاھىن
ئەلئازار، نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ۋە ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ
كاتتىۋاشلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، 2 قانائان زېمىنىدىكى شىلوھدا

---

8:20 قان. 43:4
1:21 1تار. 39:6

ئۇلارغا: ــ مۇسانىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق پەرۋەردىگار بىز توغرۇلۇق:
«ئۇلارغا تۇرۇشقا شەھەرلەرنى، ماللىرى ئۈچۈن يايلاقلارنى قوشۇپ
بەرگىن»، دەپ ئېيتقان، دېدى.
3 شۇنى دېۋىدى، ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئۆز مىراس
ئۈلۈشلىرىدىن مۇنۇ شەھەرلەر بىلەن يايلاقلارنى قوشۇپ لاۋىيلارغا
بەردى: ــ
4 بىرىنچى تاشلانغان چەك كوھات جەمەتلىرىگە چىقتى؛ چەك
تاشلىنىپ، لاۋىيلار ئېچىدىكى كاھىن ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا
يەھۇدا قەبىلىسى، شىمېئون قەبىلىسى ۋە بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ
زېمىنلىرىدىن ئون ئۈچ شەھەر بېكىتىلدى؛
5 ئاندىن كوھاتنىڭ قالغان
ئەۋلادلىرىغا چەك تاشلىنىپ، ئەفرائىم قەبىلە-جەمەتلىرىنىڭ
زېمىنىدىن، دان قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ۋە ماناسسەھ يېرىم
قەبىلىسىنىڭ زېمىنلىرىدىن ئون شەھەر بېكىتىلدى.
6 گەرشوننىڭ ئەۋلادلىرىغا چەك تاشلىنىپ، ئىسساكار قەبىلە-
جەمەتلىرىنىڭ زېمىنىدىن، ئاشىر قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن،
نافتالى قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ۋە ماناسسەھنىڭ يەنە بىر يېرىم
قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ئون ئۈچ شەھەر بېكىتىلدى.
7 مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىغا، جەمەت-ئائىلىلىرى بويىچە چەك تاشلىنىپ،
رۇبەن قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن، گاد قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ۋە
زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ئون ئىككى شەھەر بېكىتىلدى.
8 بۇ تەرىقىدە پەرۋەردىگار مۇسانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بۇيرۇغىنىدەك
ئىسرائىللار چەك تاشلاپ بۇ شەھەرلەر بىلەن يايلاقلىرىنى قوشۇپ،
لاۋىيلارغا بەردى.
9 ئۇلار يەھۇدانىڭ قەبىلىسى بىلەن شىمېئوننىڭ قەبىلىسىنىڭ
زېمىنىدىن تۆۋەندە تىزىملانغان مۇنۇ شەھەرلەرنى بەردى: ــ
10 (چەك
تاشلانغاندا، لاۋىيلارنىڭ نەسلى بولغان كوھاتلار جەمەتىدىكى ھارۇننىڭ
ئەۋلادلىرىغا بىرىنچى چەك چىققاچقا مۇنۇ شەھەرلەر بېرىلدى): ــ

---

2:21 چۆل. 35

[11] ئۇلارغا يەھۇدانىڭ تاغلىق رايونىدىكى كىرىئات-ئاربا (ئاربا ئاناكنىڭ
ئاتىسى ئىدى)، يەنى ھېبرون بىلەن ئەتراپىدىكى يايلاقلارنى
قوشۇپ بەردى. [12] لېكىن شەھەرگە تەۋە ئېتىزلار بىلەن كەنت-
قىشلاقلارنى يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەبكە مىراس قىلىپ بەردى.
[13] شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھارۇن كاھىنىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئادەم ئۆلتۈرگەن
كىشىلەر پاناھلىنىدىغان شەھەر ھېبرون ۋە يايلاقلىرىنى، يەنە
ئۇلارغا لىبناھ بىلەن يايلاقلىرىنى، [14] ياتتىر بىلەن يايلاقلىرىنى،
ئەشتەموئا بىلەن يايلاقلىرىنى، [15] ھولون بىلەن يايلاقلىرىنى،
دەبىر بىلەن يايلاقلىرىنى، [16] ئايىن بىلەن يايلاقلىرىنى، يۇتتاھ
بىلەن يايلاقلىرىنى، بەيت-شەمەش بىلەن يايلاقلىرىنى بەردى؛
بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ زېمىنلىرىدىن جەمئىي توققۇز شەھەرنى
بەردى. [17] مۇندىن باشقا ئۇلارغا بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن
گىبېئون بىلەن يايلاقلىرىنى، گېبا بىلەن يايلاقلىرىنى، [18] ئاناتوت
بىلەن يايلاقلىرىنى، ئالمون بىلەن يايلاقلىرىنى قوشۇپ جەمئىي
تۆت شەھەر بەردى.
[19] بۇ تەرىقىدە كاھىنلار، يەنى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىلگەن
شەھەرلەر ئون ئۈچ بولدى؛ بۇلار ئەتراپىدىكى يايلاقلىرى بىلەن
بېرىلدى.
[20] ئۇلار يەنە لاۋىيلارنىڭ نەسلىدىن بولغان كوھاتنىڭ قالغان
جەمەتلىرىگىمۇ شەھەرلەرنى بەردى. چەك تاشلاش بىلەن ئۇلارغا
بېكىتىلگەن شەھەرلەر مۇنۇلار: — ئۇلارغا ئەفرائىم قەبىلىسىنىڭ
زېمىنىدىن [21] ئەفرائىمنىڭ تاغلىق رايونىدىكى ئادەم ئۆلتۈرگەن
كىشىلەر پاناھلىنىدىغان شەھەر شەكەم بىلەن يايلاقلىرىنى، يەنە
گەزەر بىلەن يايلاقلىرى، [22] كىبزائىم بىلەن يايلاقلىرى ۋە بەيت-ھورون
بىلەن يايلاقلىرى بولۇپ، جەمئىي تۆت شەھەرنى بەردى؛ [23] بۇنىڭدىن
باشقا دان قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ئەلتەكەھ بىلەن يايلاقلىرى،
گىببېتون بىلەن يايلاقلىرى، [24] ئايجالون بىلەن يايلاقلىرى ۋە گات-
رىممون بىلەن يايلاقلىرى بولۇپ، جەمئىي تۆت شەھەرنى بەردى.

[25] بۇنىڭدىن باشقا ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن
تائاناق بىلەن يايلاقلىرى، گات-رىممون بىلەن يايلاقلىرى بولۇپ،
جەمئىي ئىككى شەھەرنى بەردى. [26] بۇ تەرىقىدە كوھاتلارنىڭ قالغان
جەمەتلىرىگە بېرىلگەن شەھەرلەر ئون بولدى؛ بۇلار ئەتراپىدىكى
يايلاقلىرى بىلەن بېرىلدى.
[27] لاۋىيلارنىڭ جەمەتلىرىدىن بولغان گەرشونلارغا بولسا ئۇلار
ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ئادەم ئۆلتۈرگەن
كىشىلەر پاناھلىنىدىغان شەھەر باشاندىكى گولان بىلەن
يايلاقلىرىنى، شۇنداقلا بەئەشتېراھ بىلەن يايلاقلىرىنى، جەمئىي
ئىككى شەھەرنى بەردى؛ [28] يەنە ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن
كىشىئون بىلەن يايلاقلىرى، دابىرات بىلەن يايلاقلىرى، [29] يارمۇت بىلەن
يايلاقلىرى ۋە ئەن-گاننىم بىلەن يايلاقلىرى بولۇپ، جەمئىي تۆت
شەھەرنى بەردى؛ [30] بۇنىڭدىن باشقا ئاشىر قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن
مىشال بىلەن يايلاقلىرى، ئابدون بىلەن يايلاقلىرى، [31] ھەلكات
بىلەن يايلاقلىرى ۋە رەھوب بىلەن يايلاقلىرى بولۇپ، جەمئىي بولۇپ
تۆت شەھەرنى بەردى؛ [32] بۇنىڭدىن باشقا نافتالى قەبىلىسىنىڭ
زېمىنىدىن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىلەر پاناھلىنىدىغان شەھەر
گالىلىيەدىكى كەدەش بىلەن يايلاقلىرىنى، يەنە ھامموت-دور
بىلەن يايلاقلىرى ۋە كارتان بىلەن ئەتراپىدىكى يايلاقلىرى بولۇپ،
جەمئىي ئۈچ شەھەرنى بەردى.
[33] بۇ تەرىقىدە گەرشونلارغا بېرىلگەن شەھەرلەر ئون ئۈچ بولدى؛ بۇلار
ئەتراپىدىكى يايلاقلىرى بىلەن بېرىلدى.
[34] قالغان لاۋىيلارغا، يەنى مەرارىيلار جەمەتلىرىگە زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ
زېمىنىدىن يوكنېئام بىلەن يايلاقلىرى، كارتاھ بىلەن يايلاقلىرى،
[35] دىمناھ بىلەن يايلاقلىرى ۋە ناھالال بىلەن يايلاقلىرى بولۇپ،
جەمئىي تۆت شەھەرنى بەردى. [36] بۇنىڭدىن باشقا رۇبەن قەبىلىسىنىڭ

---

28:21 **«دابىرات»** ــ ياكى «دابرات».

زېمىنىدىن بەزەر بىلەن يايلاقلىرى، ياھاز بىلەن يايلاقلىرى،
[37] كەدەموت بىلەن يايلاقلىرى ۋە مەفائات بىلەن يايلاقلىرى بولۇپ،
جەمئىي تۆت شەھەرنى بەردى. [38] بۇنىڭدىن باشقا گاد قەبىلىسىنىڭ
زېمىنىدىن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىلەر پاناھلىنىدىغان شەھەر
گىلېئادتىكى راموت بىلەن يايلاقلىرىنى، يەنە ماھانايىم بىلەن
يايلاقلىرى، [39] ھەشبون بىلەن يايلاقلىرى ۋە جائازەر بىلەن يايلاقلىرى
بولۇپ، جەمئىي تۆت شەھەرنى بەردى.

[40] بۇلار بولسا قالغان لاۋىيلارنىڭ جەمەتلىرىگە، يەنى مەرارىلار
جەمەتلىرىگە بېرىلگەن بارلىق شەھەرلەردۇر؛ ئۇلارغا چەك تاشلىنىش
بىلەن بېرىلگەن ئۈلۈشى ئون ئىككى شەھەر ئىدى.

[41] ئىسرائىللارنىڭ زېمىنى ئىچىدىن لاۋىيلارغا بېكىتىپ بېرىلگەن
شەھەرلەر جەمئىي قىرىق سەككىز ئىدى؛ بۇلار ئەتراپىدىكى
يايلاقلىرى بىلەن بېرىلدى. [42] بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەتراپىدا
يايلاقلىرى بار ئىدى؛ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىدى.

[43] پەرۋەردىگار شۇ تەرىقىدە ئىسرائىللارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا بېرىشكە
قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان پۈتكۈل زېمىننى ئۇلارغا بەردى؛ ئۇلار كېلىپ
ئۇنى ئىگىلەپ، ئۇ يەردە ئولتۇردى.

[44] ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا قەسەم
بىلەن ۋەدە قىلغىنىدەك، ئۇلارغا ھەر ئەتراپىدا تىنچ-ئاراملىق بەردى؛
ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ھېچقاندىقى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قەددىنى
رۇسلاپ تىك تۇرالمايتتى؛ بەلكى پەرۋەردىگار ھەممە دۈشمەنلىرىنى
ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. [45] پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلنىڭ
جەمەتىگە ۋەدە قىلغان ھىممەتلىرىدىن ھېچبىرى قالدۇرۇلماي
ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

---

36:21 **«ياھاز»** ــ ياكى «جاھزاھ» ياكى «ياھازاھ».

## شەرق تەرەپتىكى زېمىنلار تەقسىم قىلىنغان قەبىلىلەرنىڭ ئۆز مىراسىغا قايتىپ بېرىشى

22 [1] ئۇ ۋاقىتتا يەشۇئا رۇبەنلەر، گادلار ۋە ماناسسەھ يېرىم
قەبىلىسىدىكىلەرنى چاقىرىپ ئۇلارغا: ــ
[2] سىلەر بولساڭلار پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى مۇسانىڭ سىلەرگە
بۇيرۇغىنىنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلدىڭلار، مېنىڭ سىلەرگە ئەمر
قىلغان بارلىق سۆزلىرىمگىمۇ قۇلاق سالدىڭلار؛ [3] سىلەر بۇ نۇرغۇن
كۈنلەردە تاكى بۈگۈنگە قەدەر قېرىنداشلىرىڭلارنى تاشلىۋەتمەي،
بەلكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە ئەمر قىلغان ۋەزىپىنى
تۇتۇپ كەلدىڭلار؛ [4] ئەمدى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ۋەدە قىلغىنىدەك،
قېرىنداشلىرىڭلارغا ئاراملىق بەردى؛ شۇڭا سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ
قۇلى مۇسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە سىلەرگە بەرگەن
مىراس زېمىنىڭلارغا، ئۆز چېدىرلىرىڭلارغا قايتىپ بېرىڭلار.
[5] پەقەتلا پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى مۇسا سىلەرگە بۇيرۇپ تاپشۇرغان
قانۇن-ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىشقا، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى
سۆيۈپ، ئۇنىڭ بارلىق يوللىرىدا مېڭىپ، ئەمرلىرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا
باغلىنىپ، پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن جان-دىلىڭلار بىلەن ئۇنىڭ
خىزمىتىدە بولۇشقا ئىخلاس بىلەن كۆڭۈل بۆلۈڭلار، ــ دېدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن يەشۇئا ئۇلارنى بەخت-بەرىكەت تىلەپ، يولغا سالدى؛
ئۇلار ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىپ كېتىشتى.
[7] ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىگە بولسا مۇسا ئۇلارغا باشاننى مىراس
قىلىپ بەرگەنىدى؛ يەنە بىر يېرىم قەبىلىگە يەشۇئا ئىئوردان
دەرياسىنىڭ بۇ قېتى، يەنى غەرب تەرىپىدە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ
ئارىسىدا مىراس بەردى. يەشۇئا ئۇلارنى ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىش
يولىغا سالغان ۋاقىتتا، ئۇ ئۇلارغىمۇ بەخت-بەرىكەت تىلەپ، [8] ئۇلارغا:

---

**2:22** چۆل. 20:32؛ قان. 18:3

**4:22** چۆل. 33:32؛ قان. 13:3؛ 8:29؛ يە. 8:13

**5:22** قان. 12:10

ـ ئىنتايىن كۆپ بايلىقلار، ئىنتايىن كۆپ چارپايلارنى، شۇنداقلا كۆپ مىقداردا كۈمۈش، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ئېلىپ، ئۆز چېدىرىڭلارغا قايتىپ بېرىڭلار؛ دۈشمەنلىرىڭلاردىن ئالغان ئولجىنى قېرىنداشلىرىڭلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىڭلار، دېدى.
9 ئۇ ۋاقىتتا رۇبەنلەر، گادلار ۋە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسى قانائان زېمىنىدىكى شىلوھدىن چىقىپ ئىسرائىللاردىن ئايرىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلغان ئەمرى بويىچە ئۇلارنىڭ تەئەللۇقاتى بولغان ئۆز مىراس زېمىنى گىلېئاد يۇرتىغا قاراپ قايتىپ ماڭدى.

## چوڭ ئۇقۇشماسلىق ـ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

10 رۇبەنلەر، گادلار ۋە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسى قانائان زېمىنىدىكى ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىدىكى گەلىلوتقا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەردە ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىدا بىر قۇربانگاھنى ياسىدى؛ قۇربانگاھ ناھايىتى چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك ياسالغانىدى. 11 ئىسرائىللارغا: «مانا رۇبەنلەر، گادلار ۋە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسى قانائان زېمىنىدىكى ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى گەلىلوتتا، يەنى ئىسرائىللارنىڭ ئۇدۇلىدا بىر قۇربانگاھنى ياساپتۇ» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى.
12 ئىسرائىللار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل جامائىتى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن شىلوھقا توپلاندى.
13 ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىللار كاھىن ئەلئازارنىڭ ئوغلى فىنېھاسنى گىلېئاد زېمىنىدىكى رۇبەنلەر، گادلار ۋە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىگە ماڭدۇردى 14 ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ئون ئەمىرنى، ئىسرائىلنىڭ ھەربىر قەبىلىسىدىن جەمەت باشلىقى بولغان بىردىن

8:22 **«ئالغان ئولجىنى قېرىنداشلىرىڭلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىڭلار»** ــ ياكى «ئالغان ئولجىنى قېرىنداشلىرىڭ بىلەن ئۈلەشىپ ئېلىڭلار».
10:22 **«...دەرياسىنىڭ بويىدىكى گەلىلوتقا»** ــ ئۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...دەرياسىنىڭ بويىدىك دائىرىسى» ياكى «...دەرياسىنىڭ بويىدىك دۆڭلەك دۆۋىلىرى».
10:22 يە. 7:18

ئەمرنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتتى؛ ھەربىر ئەمىر ھەرقايسى
ئاتا جەمەتتىكى مىڭلىغان ئىسرائىللارنىڭ كاتتىۋېشى ئىدى.
15 بۇلار ئەمدى گىلېئاد زېمىنىغا، رۇبەنلەر، گادلار ۋە ماناسسەھ يېرىم
قەبىلىسىگە كېلىپ ئۇلارغا: ــ 16 مانا پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكۈل جامائىتى
سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارغا ئەگىشىشتىن
يېنىپ، ئۆزۈڭلارغا قۇربانگاھنى ياساپ، ئىسرائىلنىڭ خۇداسىدىن يۈز
ئۆرۈپ، پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆتكۈزگەن بۇ رەزىللىكىڭلار
زادى قانداق ئىش؟ 17 پېئوردا بۇرۇن ئۆتكۈزگەن قەبىھلىكىمىز بىزگە
يېتىپ ئاشماسمۇ؟ گەرچە پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىنىڭ بېشىغا ۋابا
چۈشكەن بولسىمۇ، بىز تېخى بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئىشتىن ئۆزىمىزنى
پاكلاندۇرمىدۇق. 18 سىلەر بۈگۈن پەرۋەردىگارغا ئەگىشىشتىن
ياندىڭلار؛ شۇنداق بولىدۇكى، سىلەر بۈگۈن پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق
قىلغان بولغاچقا، ئۇ جەزمەن ئەتە ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل جامائىتىگە
غەزەپلىنىدۇ. 19 ھالبۇكى، مۇبادا سىلەر مىراس قىلىپ ئالغان زېمىن ناپاك
بولۇپ قالغان بولسا، پەرۋەردىگارنىڭ تەۋەلىكى بولغان زېمىنغا، ئۇنىڭ
چېدىرى تىكلەنگەن يۇرتقا يېنىپ كېلىپ، ئارىمىزدا مىراس ئېلىڭلار.
پەقەت پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ قۇربانگاھىدىن باشقا ئۆزۈڭلار ئۈچۈن
قۇربانگاھ ياساش بىلەن پەرۋەردىگارغا ۋە بىزلەرگە ئاسىيلىق قىلماڭلار.
20 زەراھنىڭ ئوغلى ئاقان ھارام بېكىتىلگەن نەرسىلەردىن ئېلىپ،
ئىتائەتسىزلىك قىلغان ئەمەسمۇ؟ شۇ سەۋەبتىن قەبىھلىكى ئۈچۈن
يالغۇز ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈپ قالماي، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى يەنە پۈتكۈل
ئىسرائىل جامائىتىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئەمەسمۇ؟».

---

16:22 **«سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارغا ئەگىشىشتىن يېنىپ، ئۆزۈڭلارغا قۇربانگاھنى ياساپ...»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان قانۇن بويىچە، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن يالغۇز بىرلا قۇربانگاھ بېكىتىلگەن، شۇنداقلا قۇربانگاھ پەرۋەردىگار ئۆزى بېكىتكەن جايدا تۇرۇشى كېرەك ئىدى («مىس.» 20:24، «لاۋ.» 3:17-4، «قان.» 5:12-6نى كۆرۈڭ).

17:22 **«پېئوردا بۇرۇن ئۆتكۈزگەن قەبىھلىكىمىز بىزگە يېتىپ ئاشماسمۇ؟»** ــ پېئوردا ئۆتكۈزگەن گۇناھلار ۋە كېيىنكى ۋەقە «چۆل.» 25-بابتا خاتىرىلەنگەن.

**17:22** چۆل. 3:25؛ قان. 3:4

21 شۇنىڭ بىلەن رۇبەنلەر، گادلار ۋە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسى
مىڭلىغان ئىسرائىللارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق
دېدى: ــ
22 «ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى پەرۋەردىگاردۇر! ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى بولغان
پەرۋەردىگار ئۆزى بۇنى بىلىدۇ، ئىسرائىلمۇ ئۇنى بىلگەي! ئەگەر بۇ
ئىش ئاسىيلىق بولسا ياكى پەرۋەردىگارغا ئىتائەتسىزلىك بولسا،
ئەمدى بىزلەرنى بۈگۈن ئۆلۈمدىن ئايىماڭلار! 23 ئەگەر بىزنىڭ ئۆزىمىز
ئۈچۈن قۇربانگاھنى ياسىشىمىز پەرۋەردىگارغا ئەگىشىشتىن يېنىش
ئۈچۈن بولغان بولسا، شۇنداقلا قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە
قۇربانلىق سۇنۇش، ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى سۇنۇش، ئىناقلىق
قۇربانلىقلىرىنى سۇنۇش ئۈچۈن بولغان بولسا، ئۇنداقتا پەرۋەردىگار
ئۆزى بۇ ئىش توغرۇلۇق بىزدىن ھېساب ئالسۇن؛ 24 ئەكسىچە بۇ ئىشنى
قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى ھەقىقەتەن شۇكى، كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ
باللىرىڭلار بىزنىڭ باللىرىمىزغا: «سىلەرنىڭ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى پەرۋەردىگار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭلار بار؟ 25 ئەي
رۇبەنلەر ۋە گادلار، پەرۋەردىگار بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇرىمىزدا
ئىئوردان دەرياسىنى چېگرا قىلىپ قويغان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا سىلەرنىڭ
پەرۋەردىگاردىن ھېچقانداق نېسىۋەڭلار يوقتۇر!» دېيىشىدىن ئەندىشە
قىلدۇق. 26 شۇڭا بىز: «قوپۇپ بىر قۇربانگاھ ياسايلى؛ لېكىن بۇ
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ئۈچۈنمۇ ئەمەس، باشقا خىل قۇربانلىقلار
ئۈچۈنمۇ ئەمەس، 27 بەلكى كەلگۈسىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىمىز بىلەن باشقا خىل قۇربانلىقلىرىمىز
ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئىبادىتىدە بولۇشىمىز
ئۈچۈن، سىلەر ۋە بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا، شۇنداقلا كېيىنكى
دەۋرلىرىمىزدە بىر ئەسلەتمە گۇۋاھلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۇنى ياسىدۇق؛
باللىرىڭلارنىڭ كەلگۈسىدە باللىرىمىزغا «پەرۋەردىگاردىن

---

22:22 زەب. 1:50

ھېچقانداق نېسىۋەڭلار يوق» دېمەسلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق.
28 ئەگەر ئۇلار كەلگۈسىدە بىز بىلەن ئەۋلادلىرىمىزغا شۇنداق دېسە، بىز
جاۋاب بېرىپ: «مانا، كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇش ئۈچۈن ياكى باشقا
خىل قۇربانلىقلارنى سۇنۇش ئۈچۈن ياسالغان ئەمەس، بەلكى سىلەر
بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر گۇۋاھلىق بولسۇن دەپ ياسالغان،
بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياسىغان قۇربانگاھىنىڭ
ئەندىزىسىدۇر!» دېيەلەيمىز.
29 پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىپ، پەرۋەردىگارغا ئەگىشىشتىن
يېنىپ، پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان
قۇربانگاھتىن باشقا ئىككىنچى بىر قۇربانگاھنى ياساپ، ئۇنىڭ
ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ھەدىيەلىرى ۋە باشقا خىل
قۇربانلىقلارنى ئۆتكۈزۈش نىيىتى بىزدىن نېرى بولغاي!».
30 كاھىن فىنىھاس ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن جامائەت ئەمىرلىرى،
يەنى مىڭلىغان ئىسرائىللارنىڭ كاتتىۋاشلىرى رۇبەنلەر، گادلار ۋە
ماناسسەھلەرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۇلار شۇنىڭدىن
خۇش بولدى. 31 ئەلىئازارنىڭ ئوغلى كاھىن فىنىھاس رۇبەنلەر، گادلار
ۋە ماناسسەھلەرگە: ــ سىلەر پەرۋەردىگارغا بۇ ئىتائەتسىزلىكنى
قىلمىغىنىڭلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى
ئەمدى بىلدۇق؛ سىلەر بۇ ئىش بىلەن ئىسرائىللارنى پەرۋەردىگارنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزدۇڭلار، دېدى.
32 ئاندىن ئەلىئازار كاھىنىنىڭ ئوغلى فىنىھاس بىلەن ئەمىرلەر رۇبەنلەر
ۋە گادلارنىڭ يېنىدىن، گىلېئاد زېمىنىدىن چىقىپ قانائان زېمىنىغا
ئىسرائىللارنىڭ يېنىغا يېنىپ كېلىپ بۇ خەۋەرنى ئۇلارغا دەپ بەردى.
33 بۇ ئىش ئىسرائىللارنىڭ نەزىرىدە ياخشى كۆرۈندى؛ ئىسرائىللار
خۇداغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، رۇبەنلەر بىلەن گادلارغا ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان زېمىنىنى ۋەيران قىلايلى،
دېگەن گەپنى ئىككىنچى تىلغا ئالمىدى.

**27:22** يار. 48:31؛ يە. 27:24

[34] رۇبەنلەر بىلەن گادلار بۇ قۇربانگاھقا «گۇۋاھلىق» دەپ ئات قويدى؛
چۈنكى ئۇلار: ــ «ئۇ ئارىمىزدا پەرۋەردىگارنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىگە
گۇۋاھتۇر» دېدى.

## يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىلنىڭ ئەمىر-ئاقساقاللىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا نەسىھەت بېرىشى

23 [1] پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىدىن
ئارام بېرىپ ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپ، شۇنداقلا يەشۇئا قېرىپ،
يېشىمۇ چوڭىيىپ قالغاندا، [2] يەشۇئا پۈتكۈل ئىسرائىلنى، ئۇلارنىڭ
ئاقساقاللىرىنى، باشلىقلىرى، ھاكىم-سوراقچىلىرى بىلەن بەگ-
ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ «مەن قېرىپ قالدىم،
يېشىممۇ چوڭىيىپ قالدى. [3] پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن
مۇشۇ يەردىكى بارلىق تائىپىلەرگە قانداق ئىشلارنى قىلغىنىنى
ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار؛ چۈنكى سىلەر تەرەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلغۇچى
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۆزىدۇر. [4] مانا، مەن ئۆزۈم يوقاتقان ھەممە
ئەللەرنىڭ زېمىنلىرى بىلەن قالغان بۇ تائىپىلەرنىڭ زېمىنلىرىنى
قوشۇپ قەبىلە-جەمەتىڭلار بويىچە چەك تاشلاپ ئىئوردان دەرياسىدىن
تارتىپ كۈن پېتىش تەرەپتىكى ئۇلۇغ دېڭىزغىچە، سىلەرگە مىراس
قىلىپ تەقسىم قىلىپ بەردىم. [5] پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۆزى
ئۇلارنى ئالدىڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، كۆزۈڭلاردىن نېرى قىلىپ،
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە ئېيتقىنىدەك سىلەر ئۇلارنىڭ
زېمىنىغا ئىگە بولىسىلەر. [6] شۇڭا سىلەر تولىمۇ قەيسەر بولۇپ
مۇسانىڭ قانۇن كىتابىدا پۈتۈلگەنىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، ئوڭ يا
سولغا چەتنەپ كەتمەي، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈڭلار؛

**34:22 «گۇۋاھلىق»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئېد».

**5:23** مىس. 14:14؛ 27:23؛ چۆل. 53:33؛ قان. 19:6؛ يە. 6:13

**6:23** قان. 32:5؛ 14:28

[7] شۇنداق قىلىپ، ئاراڭلاردا قېلىپ قالغان بۇ تائىپىلەر بىلەن باردى-
كەلدى قىلماڭلار؛ شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ناملىرىنى
تىلغا ئالماڭلار ياكى ئۇلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماڭلار؛ ئۇلارغا
ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇلارغا باش ئۇرماڭلار؛ [8] بەلكى بۈگۈنگىچە
قىلغىنىڭلاردەك، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا باغلىنىپ تۇرۇڭلار.
[9] چۈنكى پەرۋەردىگار ئالدىڭلاردىن چوڭ-چوڭ ۋە كۈچلۈك ئەللەرنى
قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندۇر؛ بۈگۈنگىچە ھېچقانداق ئادەم ئالدىڭلاردا
پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. [10] پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە ئېيتقىنى
بويىچە سىلەر تەرەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلغىنى ئۈچۈن سىلەردىن بىر
ئادىمىڭلار ئۇلارنىڭ مىڭ ئادىمىنى تىرىپىرەن قىلىدۇ.
[11] شۇڭا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى سۆيۈش ئۈچۈن ئۆز كۆڭلۈڭلارغا
قاتتىق سەگەك بولۇڭلار! [12] چۈنكى ئەگەر سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ
ئاراڭلاردا قالغان بۇ ئەللەر بىلەن ئارىلىشىپ-باغلىنىپ، ئۇلار
بىلەن قۇدا-باجا بولۇپ، ئۇلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلساڭلار،
[13] ئۇنداقتا سىلەرگە شۇ ئىش ئايان بولسۇنكى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
ئالدىڭلاردىن بۇ ئەللەرنى ئىككىنچى قوغلاپ چىقارمايدۇ، بەلكى بۇلار
سىلەرگە قاپقان ۋە قىلتاق بولۇپ، بىقىنىڭلارغا قامچا بولۇپ چۈشۈپ،
كۆزۈڭلەرگە تىكەن بولۇپ سانجىلىدۇ؛ ئاخىردا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار
سىلەرگە بەرگەن بۇ ياخشى زېمىندىن مەھرۇم بولۇپ يوقىلىسىلەر.
[14] مانا، مەن بۈگۈن بارلىق ئادەملەر مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يولنى
ماڭىمەن؛ سىلەرنىڭ پۈتۈن دىلىڭلار ۋە ۋۇجۇدۇڭلارغا شۇ روشەنكى،
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ سىلەر توغرۇلۇق قىلغان مۇبارەك
ۋەدىلىرىنىڭ ھېچبىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي قالمىدى؛ ھەممىسى
سىلەر ئۈچۈن بەجا كەلتۈرۈلۈپ، ھېچقايسىسى يەردە قالمىدى. [15-]
[16] لېكىن سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ سىلەرگە ئەمر قىلىپ

**7:23** مىس. 13:23؛ زەب. 4:16؛ يەر. 7:5؛ زەف. 5:1؛ ئەف. 3:5

**8:23** قان. 22:11

**10:23** لاۋ. 8:26؛ قان. 30:32

توختاتقان ئەھدىسىنى بۇزغاندا، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە ۋەدە قىلغان ھەممە بەرىكەت ئۈستۈڭلارغا چۈشۈرۈلگەندەك، شۇنداق بولىدۇكى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرنى ئۆزى سىلەرگە بەرگەن زېمىندىن يوقاتقۇچە بارلىق ئاگاھ قىلغان ئىشنى چۈشۈرىدۇ؛ سىلەر بېرىپ، ئۇنىڭ ئەھدىسىنى بۇزۇپ باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىپ باش ئۇرساڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى سىلەرگە تۇتىشىپ، سىلەرنى ئۆزى سىلەرگە بەرگەن ياخشى زېمىندىن تېزلا يوق قىلىدۇ».

## يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ پۈتكۈل ئىسرائىلنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشى

24 [1] ئاندىن يەشۇئا ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىنى
شەكەمگە يىغىپ، ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى، باشلىقلىرى،
ھاكىم-سوتچىلىرى بىلەن بەگ-ئەمەلدارلىرىنى چاقىردى؛ ئۇلار
ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر قىلغاندا [2] يەشۇئا پۈتكۈل
خەلققە: ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار: — «قەدىمكى زاماندا
ئاتا-بوۋىلىرىڭلار، جۈملىدىن ئىبراھىم بىلەن ناھورنىڭ ئاتىسى
تەراھ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇراتتى؛ ئۇلار باشقا ئىلاھلارنىڭ
قۇللۇقىدا بولاتتى. [3] لېكىن مەن ئاتاڭلار ئىبراھىمنى دەريانىڭ ئۇ
تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى باشلاپ پۈتكۈل قانائان زېمىنىنى
ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ نەسلىنى ئاۋۇتۇپ ئۇنىڭغا ئىسھاقنى بەردىم.
[4] ئاندىن مەن ئىسھاققا ياقۇپ بىلەن ئەساۋنى بەردىم؛ ئەساۋغا سېئىر
تاغلىق رايونىنى تەۋەلىك قىلىپ بەردىم، ياقۇپ بىلەن ئوغۇللىرى
بولسا مىسىرغا چۈشۈپ باردى. [5] كېيىنرەك مەن مۇسا بىلەن ھارۇننى

**2:24 «دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە»** — مۇشۇ يەردە «دەريا» «ئەفرات دەرياسى»نى كۆرسىتىدۇ.

**2:24** يار. 26:11، 31؛ قان. 5:26

**3:24 «دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىن»** — مۇشۇ يەردە «دەريا» «ئەفرات دەرياسى»نى كۆرسىتىدۇ.

**3:24** يار. 12:1؛ 21:2.

**4:24** يار. 25:24؛ 36:8؛ 46:1

ئەۋەتىپ، مىسىرلىقلار ئارىسىدا ئەمەللىرىم بىلەن ئۇلارغا دەھشەتلىك
ۋابالارنى چۈشۈردۈم؛ ئاندىن سىلەرنى شۇ يەردىن ئېلىپ چىقتىم. [6] مەن
بۇ تەرىقىدە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇلار قىزىل
دېڭىزغا يېتىپ كەلگىنىدە، مىسىرلىقلار جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىق
ئەسكەرلىرى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى قوغلاپ دېڭىزغىچە كەلدى.
[7] ئىسرائىللار شۇئان پەرۋەردىگارغا نىدا قىلىشىدى، ئۇ سىلەر بىلەن
مىسىرلىقلارنىڭ ئارىسىغا تۇم قاراڭغۇلۇق چۈشۈردى؛ ئاندىن دېڭىزنى
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ ياپتى. سىلەر ئۆز كۆزلىرىڭلار بىلەن
مېنىڭ مىسىردا نېمە قىلغىنىمنى كۆردۈڭلار؛ ئاندىن سىلەر ئۇزۇن
ۋاقىتقىچە چۆلدە تۇردۇڭلار. [8] كېيىنرەك مەن سىلەرنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ
ئۇ تەرىپىدە تۇرغان ئامورىيلارنىڭ زېمىنىغا باشلاپ كەلدىم؛ ئۇلار سىلەر
بىلەن سوقۇشقاندا مەن ئۇلارنى قولۇڭلارغا بېرىپ، سىلەر ئۇلارنىڭ
زېمىنىنى ئىگىلىدىڭلار. مەن ئۇلارنى ئالدىڭلاردىن يوقىتىۋەتتىم.
[9] ئۇ ۋاقىتتا موئابنىڭ پادىشاھى، زىپپورنىڭ ئوغلى بالاق قوپۇپ،
ئىسرائىل بىلەن جەڭگە چۈشتى ۋە سىلەرنى قارغاش ئۈچۈن بېئورنىڭ
ئوغلى بالائامنى چاقىرىپ كەلدى؛ [10] لېكىن مەن بالائامنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سالمىدىم؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىلەرگە قايتا-قايتا بەخت-
بەرىكەت تىلىدى ۋە مەن سىلەرنى بالاقنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدۇم.
[11] كېيىنرەك سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ يېرىخوغا بارغاندا
يېرىخونىڭ ئادەملىرى ئامورىيلار، پەرىززىيلەر، قانائانىيلار،
ھىتتىيلار، گىرگاشىيلار، ھىۋىيلار ۋە يەبۇسىيلار سىلەر بىلەن ئۇرۇشقا
قوپقىنى بىلەن مەن ئۇلارنى قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ بەردىم؛ [12] مەن
ئالدىڭلارغا سېرىق ھەرىنى ئەۋەتتىم، سېرىق ھەرە ئامورىيلارنىڭ

---

**5:24** مىس. 3:10-22؛ مىس. 4:1-17؛ 37:12

**6:24 «ئۇلار قىزىل دېڭىزغا يېتىپ كەلگىنىدە»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۇلار» ئىبرانىي تىلدا «سىلەر» ئېيتىلىدۇ.

**6:24** مىس. 14:1

**8:24** چۆل. 21:21، 33

**11:24** يە. 3:14؛ 6:1، 20؛ 8:10؛ 8:11

ئىككىلا پادىشاھنى ھەيدىۋەتكەندەك ئۇلارنىمۇ ھەيدىۋەتتى؛ بۇ
ئىش سىلەرنىڭ قىلىچىڭلار ياكى ئوقيايىڭلار بىلەن بولمىدى. [13] مەن
سىلەرگە ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن بىر زېمىننى،
ئۆزۈڭلار ياسىمىغان شەھەرلەرنى بەردىم، ۋە سىلەر شۇلاردا ماكان
قىلدىڭلار؛ ئۆزۈڭلار تىكمىگەن ئۈزۈمزارلىقلار بىلەن زەيتۇنزارلىقلاردىن
مېۋىلىرىنى يەۋاتىسىلەر» دەيدۇ، ــ دېدى.
[14] ــ شۇڭا ئەمدى سىلەر پەرۋەردىگاردىن قورقۇپ ئىخلاسمەنلىك ۋە
ھەقىقەت ئىچىدە ئۇنىڭ ئىبادىتىدە بولۇڭلار؛ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار
دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ۋە مىسىردا چوقۇنغان ئىلاھلارنى تاشلاپ، پەقەت
پەرۋەردىگارنىڭ قۇللۇقىدا بولۇڭلار.
[15] لېكىن ئەگەر پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتى سىلەرگە يامان كۆرۈنسە،
كىمگە ئىبادەت قىلىدىغىنىڭلارنى تاللىۋېلىڭلار ــ مەيلى ئاتا-
بوۋىلىرىڭلار دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغاندا چوقۇنغان ئىلاھلار
بولسۇن ياكى سىلەر تۇرۇۋاتقان زېمىندىكى ئامورىيلارنىڭ ئىلاھلىرى
بولسۇن، ئۇلارنى تاللاڭلار؛ لېكىن مەن بىلەن ئۆيۈمدىكىلەر بولساق
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىدە بولىمىز، ــ دېدى.
[16] خەلق جاۋاب بېرىپ: ــ پەرۋەردىگارنى تەرك ئېتىپ باشقا ئىلاھلارنىڭ
ئىبادىتىدە بولۇش بىزدىن نېرى بولسۇن! [17] چۈنكى بىز بىلەن ئاتا-
بوۋىلىرىمىزنى «قۇللۇق ماكانى» بولغان مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ،
كۆزىمىزنىڭ ئالدىدا بۇ چوڭ مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ،
قايسى يولدا ماڭمايلى، قايسى خەلقنىڭ ئارىسىدىن ئۆتمەيلى، بىزنى
ساقلىغۇچى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆزىدۇر! [18] پەرۋەردىگار بۇ زېمىندا
تۇرغان بارلىق تائىپىلەرنى، جۈملىدىن ئامورىيلارنى ئالدىمىزدىن
قوغلىۋەتتى؛ شۇڭا بىزمۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىدە بولىمىز؛ چۈنكى

12:24 **«سېرىق ھەرە»** ــ ئىبرانىي تىلدا ئادەتتىكى ھەرىدىن تېخىمۇ چوڭ ۋە چاققاق بىرخىل ھەرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**12:24** مىس. 28:23؛ قان. 20:7؛ زەب. 3:44

**13:24** قان. 10:6، 11، 12

**14:24** **«دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە»** ــ مۇشۇ يەردە «دەريا» «ئەفرات دەرياسى»نى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ بىزنىڭ تەڭرىمىزدۇر! ــ دېدى.
[19] يەشۇئا خەلققە: ــ سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىدە بولالمايسىلەر، چۈنكى ئۇ مۇقەددەس بىر خۇدادۇر؛ ئۇ ۋاپاسىزلىقىڭلار ھەسەت قىلغۇچى بىر تەڭرى بولغاچقا، ئىتائەتسىزلىكلىرىڭلار بىلەن گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرەلمەيدۇ. [20] ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارنى تاشلاپ، يات ئىلاھلارغا چوقۇنغان بولساڭلار ئۇمۇ سىلەردىن يۈز ئۆرۈپ، سىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ كەلگەننىڭ ئورنىدا سىلەرگە بالا كەلتۈرۈپ يوقىتىدۇ، ــ دېدى.
[21] لېكىن خەلق يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ: ــ ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! بىز پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىدە بولىمىز، ــ دېدى.
[22] بۇنى ئاڭلاپ يەشۇئا خەلققە: ــ ئۆزۈڭلارنىڭ پەرۋەردىگارنى، ئۇنىڭ ئىبادىتىدە بولۇشنى تاللىغانلىقىڭلارغا ئۆز-ئۆزۈڭلارغا گۇۋاھچى بولدۇڭلار، دېۋىدى، ئۇلار: ــ ئۆزىمىز گۇۋاھ! ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.
[23] ئۇ: ــ ئۇنداق بولسا ئەمدى ئاراڭلاردىكى يات ئىلاھلارنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ، كۆڭلۈڭلارنى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا ئىنتىلدۈرىدىغان قىلىڭلار، دېدى.
[24] خەلق يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ: ــ بىز پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ ئىبادىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىغىلا قۇلاق سالىدىغان بولىمىز، دېدى.
[25] شۇنىڭ بىلەن يەشۇئا ئۇ كۈنى خەلق بىلەن ئەھدە باغلىشىپ، شەكەمدە ئۇلار ئۈچۈن ھۆكۈم-بەلگىلىمىلەرنى توختىتىپ بەردى.
[26] ئاندىن يەشۇئا بۇ ھەممە سۆزلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ قانۇن كىتابىغا پۈتۈپ، يوغان بىر تاشنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس جايىنىڭ يېنىدىكى دۇب دەرىخىنىڭ ئاستىغا تىكلەپ قويدى. [27] ئاندىن يەشۇئا خەلققە: ــ مانا بۇ تاش بولسا بىزگە گۇۋاھ بولۇپ تۇرىدۇ؛ چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە قىلغان ھەممە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى؛ ئۇ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردىن

**20:24** يە. 15:23
**25:24** مىس. 25:15

تانىماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئۈستۈڭلاردا گۇۋاھچى بولۇپ تۇرىدۇ، ــ دېدى.
[28] يەشۇئا شۇلارنى دەپ خەلقنى يولغا سېلىپ، ھەربىرىنى ئۆز مىراس
يېرىگە ياندۇردى.
[29] بۇ ئىشلاردىن كېيىن نۇننىڭ ئوغلى، پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى يەشۇئا
بىر يۈز ئون يېشىدا ۋاپات بولدى. [30] ئۇلار ئۇنى ئېلىپ بېرىپ، ئەفرائىم
تاغلىق رايونىدا، گائاش تېغىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئۆز مىراس
ئۈلۈشى بولغان تىمنات-سېراھ دېگەن جايدا دەپنە قىلدى.
[31] يەشۇئانىڭ پۈتكۈل ھايات كۈنلىرىدە، شۇنداقلا يەشۇئادىن كېيىن
قالغان، پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان ھەممە مۆجىزىلىك
ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدىغان ئاقساقاللارنىڭ پۈتكۈل ھايات
كۈنلىرىدىمۇ ئىسرائىل پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىدە بولۇپ تۇردى.
[32] يۈسۈپنىڭ سۆڭەكلىرىنى بولسا، ئىسرائىللار ئۇلارنى مىسىردىن
ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار بۇلارنى شەكەمگە ئېلىپ بېرىپ، ياقۇپ
شەكەمنىڭ ئاتىسى ھامورنىڭ ئوغۇللىرىدىن يۈز كەستاھ كۈمۈشكە
سېتىۋالغان يەردە دەپنە قىلدى. شۇ يەر يۈسۈپلەرنىڭ مىراس ئۈلۈشى
بولۇپ قالدى.
[33] ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازارمۇ ۋاپات بولدى؛ ئۇلار ئۇنى ئوغلى
فىنېھاسقا مىراس قىلىپ بېرىلگەن ئەفرائىمنىڭ تاغلىق رايونىدىكى
گىبېئاھ دېگەن جايدا دەپنە قىلدى.

---

**30:24** يە. 50:19؛ ھاك. 9:2

**32:24** **«كەستاھ»** ــ ھازىرغىچە قىممىتى ئېنىقلانمىغان بىرخىل كۈمۈش تەڭگە ئىدى («يارىتىلىش» 19:33 ۋە «ئايۇپ» 11:42).

**32:24** يار. 33:18-20؛ يار. 25:50؛ مىس. 19:13

**33:24** **«ئەفرائىمنىڭ تاغلىق رايونىدىكى گىبېئاھ»** ــ ياكى «ئەفرائىمنىڭ تاغلىق رايونىدىكى دۆڭ».

# قوشۇمچە سۆز

تۆۋەندە بىز ئۇشبۇ تارىختا تەسۋىرلەنگەن بىرنەچچە ئىش-ۋەقەلەر ۋە ئادەملەر ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز.

## چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىش ـ بۇ توغرا ئىشمۇ؟

خۇدا ئەسلىدە ئىسرائىل پەلەستىن (قانائان)دىكى زېمىننى بېرىشكە ۋەدە قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ زېمىننى «ئىنتايىن ياخشى» دەپ بايان قىلغان. ئۇنداقتا زېمىننى تەكشۈرۈپ چىقىشقا چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىش ئىمانسىزلىق قىلغانلىقمۇ؟

بىز ئۇنداق ئويلىمايمىز. كېيىن رەب ئەيسا مەسىھ ئىنسانلىنىڭ خۇدانىڭ يولىغا چىقىشى، يەنى ئۆزىگە مۇخلىس بولۇشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭدا قانچىلىك بەدەل تۆلىشىم كېرەك دېگەننى ئولتۇرۇپ ھېسابلىسۇن، دېگەن پرىنسىپنى كۆرسەتتى («لۇقا» 14:25-35، بولۇپمۇ 28-ئايەتنى كۆرۈڭ). يەشۇئانىڭ چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىشى دەل شۇ پرىنسىپ بويىچە بولغان. ئىسرائىل زېمىنغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا قانچىلىك بەدەل تۆلىشىمىز كېرەك دەپ ھېسابلىشى كېرەك ئىدى ـ خۇدا ئۇلار ئۈچۈن جەڭدە ئۇلار بىلەن بىللە بولاتتى، ئەلۋەتتە؛ لېكىن ئۇ ئىسرائىلنىڭ قانائان زېمىنىغا كىرىشتىن ئاۋۋال ئۆزىگە ئىشىنىشكە قەتئىي نىيەت باغلىشىنى خالايتتى.

## پاھىشە ئايال راھاب

راھاب پاھىشە بولسىمۇ، ئىنجىلدا ئىمان-ئېتىقادى ئۈچۈن تەرىپلىنىدۇ: ـ

«ئېتىقادى بولغاچقا، پاھىشە ئايال راھاب ئىسرائىل چارلىغۇچىلىرىنى دوستلارچە كۈتۈۋالغاچقا، ئىتائەتسىزلەر بولغان ئۆز شەھىرىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ھالاك بولمىدى» («ئىبر.» 31:11)

«مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، پاھىشە ئايال راھاب ئىسرائىل چارلىغۇچىلىرىنى ئۆز ئۆيىدە كۈتۈپ، ئۇلارنى باشقا يول بىلەن

قاچۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئوخشاشلا ئىش-ئەملى بىلەن ھەققانىي دەپ جاكارلانغان بولمامدۇ؟» («ياق.» 25:2)

ئىبرانىيلارغا يېزىلغان مەكتۇپتا ئۇنىڭ ئېتىقادى كۆرسىتىلىدۇ، روسۇل ياقۇپ يازغان خېتىدە شۇنىڭ ئېتىقادىدىن چىققان ئەمەللىرىنى تەرىپلەيدۇ. ئۇ يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس (5:2)، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ «چارلىغۇچىلارنى خۇدانىڭ ئادەملىرى بولغاچقا، قوغدىشىم كېرەك» دېگەندەك ئىمان-ئىشەنچى ئۈچۈن تەرىپلىنىدۇ. كېيىن راھاب يەھۇدا قەبىلىسىدىكى سالمون ئىسىملىك ئادەمگە ياتلىق بولۇپ، بوئازنىڭ ئانىسى بولدى ۋە شۇنداقلا، داۋۇت پادىشاھ ئۇنىڭ چەۋرىسى ئىدى؛ شۇ تەرىقىدە ئۇ مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىكى «زەنجىرنى ئۇلاشتىكى بىر ھالقا» بولۇپ قالدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى (5:6-13:5)

ئۇقۇرمەنلەر يېرىخو شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى يەشۇئانىڭ «سۇغۇرۇلغان قىلىچنى تۇتقان» «پەرۋەردىگارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى» دېگەن سىرلىق زاتنى ئۇچراتقانلىقىنى بىلىدۇ. يەشۇئا تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭدىن: ــ«سەن بىز تەرەپتىمۇ، ياكى دۈشمەنلىرىمىز تەرەپتىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭ جاۋابى يەشۇئانى دەسلەپتە بەلكىم سەل قايماقتۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن: – «ياق، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى مەن پەرۋەردىگارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى بولۇپ كەلدىم».

چۈنكى خۇدانى ھەرگىز ئۆز قولايلىقىمىز ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيمىز. ھالقىلىق، ئەڭ مۇھىم سوئال: ــ «ئۇ بىز تەرەپتە تۇرامدۇ؟» دېگەن سوئال ئەمەس، بەلكى «بىز ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرامدۇق؟» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. يەشۇئا گەرچە يەر يۈزىدە ئىسرائىلنىڭ سەردارى بولغىنى بىلەن پەقەت ئاسماندىكى سەردارغا بويسۇنسا غەلىبە قازىنىدۇ. ئىسرائىل گەرچە خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان بولسىمۇ، ئۇلار ۋە شۇنداقلا بىزلەرمۇ بۇ مۇھىم ساۋاقنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

يەشۇئانىڭ مۇشۇ زاتنى كۆرگەن چاغدىكى ئىنكاسى دەرھال دۈم يىقىلىپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش بولدى. ئۇ بۇ ھەرىكەت ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن ئەمەس؛ شۇڭا بۇ زاتنى بىز پەقەت بىر پەرىشتە خالاس، دەپ قارىمايمىز («ۋەھ.» 10:19 ۋە 9:22دە روسۇل

يۇھاننا پەرىشتىگە سەجدە قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەيىبلىنىدۇ). بىز بۇ زاتنى ئىلاھىي زات، خۇدالىقى بار زات دەپ قارايمىز؛ ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»، خۇدانىڭ ئۆز ئىپادىسى ۋە كالامى بولغان مەسىھتىن باشقا ھېچكىم ئەمەستۇر؛ تەۋرات دەۋرىدە ئۇ شۇ تەرىقىدە دۇنيادا تۆغۇلۇشتىن ئاۋۋال كۆپ قېتىم كۆرۈندى.

## ئاقاندىن ئالغان بىرنەچچە ساۋاقلار (7-باب)

ئاقاننىڭ تارىخىدىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارايمىز: —

(ئا) ئاقاننىڭ گۇناھى پۈتكۈل خەلققە سەلبىي تەسىر يەتكۈزدى. بىز ئىبلىسنىڭ «گۇناھ پەقەت ئۆزۈڭگىلا زىيان يەتكۈزىدۇ» دېگەن ئالدامچىلىقىنى قوبۇل قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئۇ پەقەت ئۆزىمىزگىلا ئەمەس، بەلكى ئائىلىمىزگە، شۇنداقلا ھەتتا پۈتكۈل خەلقىمىزگە تەسىر يەتكۈزەلەيدۇ («پەند.» 34:14).

(ئە) ئىزاھاتلىرىمىزدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، پەقەت ئاقانلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق ئائىلىسىدىكىلەر ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلدى. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ جىم تۇرۇپ، ئۇنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمەسلىكى ئۇنىڭغا شېرىك بولغانغا باراۋەر ئىدى.

(ب) كېيىن ھوشىيا پەيغەمبەر ئاقان چالما-كېسەك قىلىنغان جاي، يەنى«ئاقور جىلغىسى» توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ: —

«ۋە مەن ئۇنىڭغا شۇ يەردە ئۈزۈمزارلىرىنى قايتۇرىمەن ۋە «ئاقور جىلغىسى»نى «ئۈمىد ئىشىكى» قىلىپ بېرىمەن» («ھوش.» 15:2، يەنە «يەش.» 10:65نى كۆرۈڭ). بۇ بېشارەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

«ئاقور جىلغىسى»دا بىز بىر ئادەمنىڭ گۇناھ تۈپەيلىدىن ئازاب تارتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، پۈتكۈل خەلق ئازابتىن قۇتقۇزۇلدۇ. دېمەك، قارىشىمىزچە بېشارەتنىڭ مەنىسى ـ كەلگۈسىدە يالغۇز بىر ئادەم (يەنى مەسىھ، ئەلۋەتتە) گۇناھنى ئۈستىگە ئالىدۇ، نەتىجىدە بارلىق ئېتىقادى بار ئادەملەر، يەنى خۇدانىڭ خەلقى گۇناھتىن ئازاد بولۇپ قۇتقۇزۇلىدۇ («يۇھ.» 50:11).

## «ۋەدە قىلىنغان زېمىن» ـ مەسىھدە بولغان مىراسنى كۆرسىتىدىغان بىرخىل «بېشارەتلىك تارىخ» ياكى «بېشارەتلىك سۈرەت»

كۆپ ئېتىقادچىلار «ۋەدە قىلىنغان زېمىن» جەننەتنى، شۇنداقلا «ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈش» دېگەن ۋەقەنى «ئۆلۈمدىن ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىش»نى كۆرسەتكەن «بېشارەتلىك سۈرەت» ياكى «بېشارەتلىك سىمۋول» دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە، ئىسرائىلنىڭ چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ سەپەر قىلىشى، شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ قايتا ـ قىلتاق بىلەن تولدۇرۇلغان، ئېزىتقۇ ۋە ئەگرى ـ توقاي بۇ دۇنيادىن ئۆتىدىغان، خۇدانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايانغان روھىي سەپىرىمىزنى كۆرسىتىدۇ («1كور.» 1:10-14، «1پېت.» 17:1، 11:2).

بىز «ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈش» بىلەن ««ۋەدە قىلىنغان زېمىن»غا كىرىش»نى «بېشارەت» دەپ قارايدىكەنمىز، ئۇنداقتا بۇ بېشارەتتە مۇھىم كۆرسىتىلگەن ئىش جىسمانىي ئۆلۈش ئەمەس، بەلكى مەسىھدە بولۇپ «گۇناھقا، شۇنداقلا مۇشۇ رەزىل دۇنياغا نىسبەتەن ئۆلۈش»، ئاندىن مەسىھدە بولغان تولۇق روھىي مىراسىمىزغا ئېرىشىشتۇر، دەپ قارايمىز. دېمەك، بېشارەتتە كۆرسىتىلگىنى بىزنىڭ ئۆزگەرتىلىپ، خۇدا نىيەت قىلغان خەلقنىڭ خاراكتېرىدا بولۇپ چىقىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

بۇنىڭغا ھېچقانداق گۇمان بولماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئىسرائىل «ۋەدە قىلىنغان زېمىن»غا ئېرىشىش ئۈچۈن جەڭ قىلىشى كېرەك ئىدى؛ جەننەتتە بولسا ھېچقانداق جەڭ بولمايدۇ!

بۇ «بېشارەتلىك سۈرەت»تىن، يەنى «ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا كىرىشتىكى جەڭ» بىلەن «روھىي ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشتىكى جەڭ»نىڭ سىرلىشتۇرمىسىدىن، تۆۋەندىكى بىرنەچچە يۈزەكى بايقىغانلىرىمىز باردۇر: ــ

(ئا) «ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈش» دەرۋەقە ئۆلۈمنىڭ بىر سىمۋولىدۇر ــ لېكىن پىكرىمىزچە بۇ «ئۆلۈم» جىسمانىي ئۆلۈمنى ئەمەس، بەلكى بۇ ئۆلۈم شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرى ئالدىدا ئۆلۈشنى بىلدۈرىدۇ، يەنى رەببىمىزنىڭ «مەن ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىن مەھرۇم بولغان كىشى ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ» دېگەنىدەك ئۆلۈشنى، ياكى سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشتە «گۇناھقا نىسبەتەن ئۆلۈش»نى كۆرسىتىدۇ («مات.» 38:10-39، «رىم.» 1:6-14، «كول.» 10:2-12). بارلىق باشقا نەرسىلەرگە ــ

مەيلى پۇل-بايلىقلارغا، مەنسەپ-ھوقۇققا، نام-ئابروي ياكى باشقىلارنىڭ سۆيگۈ-ھۆرمىتىگە نىسبەتەن ئۆلۈشكە رازى بولمىغان كىشى ھېچقاچان خۇدانىڭ ئۆز ھاياتى، يەنى مەڭگۈلۈك ھاياتىغا مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

(ئە) ئىسرائىل زېمىنغا كىرگەندىن كېيىن كۈچلۈك بىر دۈشمەنگە يۈزلىنىشى كېرەك ئىدى. بىزنىڭ خۇدانىڭ نىجاتىغا تولۇق مۇيەسسەر بولۇشىمىزغا پۈتكۈل كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان بىر دۈشمىنىمىز باردۇر.

(ب) گەرچە ئۇ شۇنداق كۈچلۈك بولسىمۇ، خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتىگە تايانساق ئۇنىڭ ۋە بارلىق جىنلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلماي قالمايمىز («قان.» 17:7-24).

(پ) مەسىھدە بولغان تولۇق ۋە مول ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن بىز ھېچقانداق بۇتپەرەسلىك، خۇراپىيلىق، ئاچكۆزلۈك ياكى رەزىل ئارزۇ-ھەۋەسلەر بىلەن مۇرەسسە قىلماسلىقىمىز كېرەك («قان.» 7:1-6، 25-26).

(ت) گەرچە ئىسرائىل جەڭ قىلىپ «ۋەدە قىلىنغان زېمىن»دىن نۇرغۇن جىسمانىي بەخت-بەرىكەتلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ (ۋە كەلگۈسىدە ئوخشاش بەخت-بەرىكەتلەرنى كۆرىدۇ — «قان.» 7:12-16)، جامائەتنىڭ مەسىھدە ئېرىشكىنىڭ كۆپىنچىسى روھىي بەخت-بەرىكەتلەردۇر («ئەف.» 1:3).

(چ) پۈتكۈل زېمىندا ھەربىر قەبىلىنىڭ، ھەربىر جەمەتنىڭ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆز مىراس زېمىنى بولغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، جامائەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا خۇدادىن مىراس بولغان خاس چاقىرىق، روھىي ئىلتىپات، فۇنكسىيە ۋە خىزمەت ئىمتىيازلىرى باردۇر («1كور.» 12:4-11، «ئەف.» 4:7).

(ج) ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى مەلۇم بىر قەبىلىسىنىڭ ئۆز مىراسىغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كۆپ قېتىملاپ ئۇلار بىلەن بىرگە جەڭ قىلدى («چۆل.» 32-باب، «يەشۇئا» 1:22-9). بۇنىڭغا ئوخشاش بىزمۇ بىر-بىرىمىزگە مەدەت بېرىپ، خۇدا ھەربىرىمىز ئۈچۈن ئەزەلدىن تەييارلىغان روھىي مىراسقا ۋە ئىلتىپاتلىرىغا ئىگە بولۇشقا ۋە ئۇنىڭ چاقىرىقى بىلەن بولغان خىزمەتكە كىرىشىشكە كۆپ ئىشلاردا بىر-بىرىمىزگە مەدەت بېرىپ رىغبەتلەندۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن پايدىلىق ساۋاقلار باردۇر، سەھىپە ۋە ۋاقىت يار بەرسە مۇشۇ مۇزاكىرىنى داۋاملاشتۇرماقچىمىز.

## تەۋرات 7-قىسىم

# «باتۇر ھاكىملار»

## كىرىش سۆز

### «باتۇر ھاكىملار» دېگەن زاتلار كىملەر؟

روشەنكى، يەشۇئا پەيغەمبەر ئىسرائىل خەلقىگە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خۇدانىڭ ئۇلارغا قانداق بىر خىل يېتەكچىنى بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھېچ سۆز قىلمىدى. ئۇ بەلكى پەقەت ئۇلارغا كۆڭۈللىرىدە پەرۋەردىگارغا ئەگىشىشكە قەتئىي نىيەت تىكلەشكە كۆپ جېكىلەشلەر ۋە قاتتىق ئاگاھلارنى تاپشۇردى («يەشۇئا» 24-باب، بولۇپمۇ 23-ئايەتنى كۆرۈڭ). ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئاقساقاللىرى بار ئىدى، ئەمما ئون ئىككى قەبىلە بىرلىكتە ئىش كۆرۈشى كېرەك بولسا، ئۇنداقتا خۇدانىڭ قانداق كۆرسەتمىسى باردۇ؟ خۇدا ئۇلارغا شۇ چاغدا ئېنىق بىرخىل يېتەكچىلىك شەكلىنى بەرمىگىنىنىڭ ئۆزى بىزگە خۇدانىڭ «باتۇر ھاكىملار» دەۋرىدىكى مۇددىئا-مەقسەتلىرى توغرۇلۇق ئازراق بىر خەۋەرنى يۇرتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قەتئىي ھاجىتىنى بىرىنچى مۇھىم ئىش دەپ تونۇشىنى خالايتتى.

10:2-19دە بىز تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ كۆرەيلى: –

«(يەشۇئا پەيغەمبەر ۋە ئاقساقاللارنى تونۇيدىغان) بۇ دەۋردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى؛ ئۇلاردىن كېيىن پەرۋەردىگارنىمۇ تونۇمايدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان ئەمەللىرىنى بىلمىگەن بىر دەۋر پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىسرائىل پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ بائال-

بۇتلارنىڭ ئىبادىتىگە كىرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ ئېلىپ كەلگەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنى تاشلاپ، ئەتراپىدىكى تائىپىلەرنىڭ ئىلاھلىرىدىن بولغان يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارغا باش ئۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى...

بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا تۇتىشىپ، خاراب قىلىنسۇن دەپ، ئۇ ئۇلارنى تالان-تاراج قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى، يەنە ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرەلمىدى. ئۇلار قەيەرگە بارمىسۇن، پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇلارنى ئاپەت بىلەن ئۇردى، خۇددى پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىدەك، ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارغا قەسەم قىلغىنىدەك، ئۇلار تولىمۇ ئازابلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئاندىن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن باتۇر ھاكىملارنى تۇرغۇزدى، ئۇلار ئىسرائىللارنى تالان-تاراج قىلغۇچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى.

شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئۆز ھاكىملىرىغا قۇلاق سالمىدى؛ ئەكسىچە ئۇلار يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ بۇزۇقلۇق قىلىپ، ئۇلارغا باش ئۇرۇپ چوقۇندى؛ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ماڭغان يولىدىن، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىش يولىدىن تېزلا چىقىپ كەتتى؛ ئۇلار ھېچ ئىتائەت قىلمىدى. پەرۋەردىگار قاچانىكى ئۇلار ئۈچۈن باتۇر ھاكىملارنى تۇرغۇزسا، پەرۋەردىگار ھامان شۇ باتۇر ھاكىم بىلەن بىللە بولاتتى، باتۇر ھاكىمنىڭ ھايات كۈنلىرىدە ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ چىقاتتى؛ چۈنكى ئۇلارنى خارلاپ ئەزگەنلەر تۈپەيلىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاھ-زارلارنى ئاڭلىغان پەرۋەردىگار ئۇلارغا ئىچىنى ئاغرىتاتتى.

لېكىن باتۇر ھاكىم ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا، ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ، يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرىپ، ئۇلارغا باش ئۇرۇشۇپ، ئۆزلىرىنى ئاتا-بوۋىلىرىدىنمۇ زىيادە بۇلغايتتى؛ ئۇلار نە شۇ قىلمىشلىرىدىن توختىمايتتى، نە ئۆز جاھىل يولىدىن ھېچ يانمايتتى».

بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «ھاكىملار» بىرىنچىدىن «كىرىزىس كوزىرى» ئىدى، يەنى خەلق خۇدانىڭ ياردىمىنى تىلەپ، نالە-پەرياد كۆتۈرگىنىدە ئۇ ئۇلار ئۈچۈن

تۈيۈقسىز تۇرغۇزىدىغان ئادەملەر ئىدى. ئىبرانىي تىلدا بۇ ئادەملەر «شافات»لار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئادەتتە «ھۆكۈم چىقارغۇچى» ياكى «سوراقچى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ رولىنىڭ بىر قىسمى، شۈبھىسىزكى، ھەرخىل قانۇنىي ئىشلار ۋە سوت-دەۋالارنى ھەل قىلىش ۋە شۇنىڭدەك ئۇن ئىككى قەبىلىگە چېتىشلىق قارارلارنى چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى («1سام.» 16:7).

ئىككىنچىدىن، «باتۇر ھاكىملار» پادىشاھلاردەك ئەمەس ئىدى، بەلكى خەلق ئارىسىدىكى ئاددىي پۇقرا ئىدى؛ ھاكىملىق ئىشى بىلەن بىر يەرگە بارسا، ئىشى تۈگىگۈچە پەقەت ئاددىي ئۆي ۋە يېمەك-ئىچمەكلىكلا كېرەك بولاتتى. باشقا تەرەپتىن ئېيتقاندا «ھاكىم» «ئاقساقاللار ئارىسىدىكى ئاقساقال» ئىدى. «ھاكىملار» ئۆز ھاكىملىقىنى ئوغۇللىرىغا ئۆتكۈزۈپ، ھېچقانداق «سۇلالە» بەرپا قىلغان ئەمەس. كېرەك بولغاندا خۇدا خەلق ئارىسىدىن يېڭى بىر ھاكىمنى تۇرغۇزغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ھەردائىم خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق يېتەكچى تۇرغۇزۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تايىنىشى لازىم ئىدى.

ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بەرگەن بېشارىتىدىن ئىسرائىلنىڭ ئاخىردا پادىشاھلىق بىر خەلق بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا شۇ پادىشاھلىقنىڭ ئاخىردا قۇتقۇزغۇچى-مەسىھگە تەۋە بولىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنىدۇ دېمەك، مەسىھ ئۆزى ئاخىرقى پادىشاھ بولىدۇ؛ «يار.» 10:49نى كۆرۈڭ: - «شاھانە ھاسا يەھۇدادىن كېتىپ قالمايدۇ،

يەھۇدانىڭ پۇشتىدىن قانۇن چىقارغۇچى (ياكى «ئىدارە قىلغۇچىنىڭ تۇتقان تايىقى») ئۈكسۈمەيدۇ،

تاكى شۇ ھوقۇق ئىگىسى كەلگۈچە كۈتىدۇ؛

كەلگەندە جاھان خەلقلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ».

خۇدا مۇسا پەيغەمبەر تاپشۇرغان «قانۇن شەرھى» دېگەن كىتابتا خۇدا ئىسرائىلغا «سىلەرنى پادىشاھلىق بولغان خەلق قىلىمەن» دېگەندەك ۋەدە قىلىدۇ. بۇ بېشارەت ۋە شۇنداقلا «ھاكىملىق دەۋرى»نىڭ زۆرۈرىيىتىنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق «سامۇئىل» 1- ۋە 2- كىتابىنىڭ «قوشۇمچە سۆز»ىدە توختىلىمىز

## خۇدانىڭ مۇشۇ كىتابتا ئايان قىلىنغان مەقسىتى (1)

تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئوقۇغۇچىلار باشقا ئادەملەردىن كۆپ جەھەتلەردە زور ئارتۇقچىلىقلارغا مۇيەسسەر بولىدۇ ــ ئۇلاردىن بىرى تارىخ توغرۇلۇق چۈشەنچىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

تارىخشۇناسلارنىڭ ئارىسىدا داۋام قىلىنىۋاتقان بىرخىل تالاش-تارتىش بار. بىرىنچى كۆزقاراش: ــ تارىخنىڭ «يۆنىلىشى» بار («ئىنسانىي دۇنيا مەلۇم تۈپ پرىنسىپ بويىچە كېيىنكە قايتماي، دەۋرلەنمەي «ئىلگىرىلەيدۇ»»)؛ ئىككىنچى كۆزقاراش: ــ تارىخ «دەۋرىيلىك» بولىدۇ (يەنى، گەرچە ئىمپېرىيەلەر پەيدا بولۇپ يوقاپ تۇرسىمۇ، ھېچقانداق تۈپ ئۆزگىرىشلەر ياكى «ئىلگىرىلەش»لەر بولمايدۇ). تەۋرات ھەم ئىنجىلدا ئايان قىلىنغانكى، مەلۇم جەھەتتىن شۇ ئىككى كۆزقاراشنىڭ ھەر ئىككىسى توغرىدۇر. ئەمەلىيەتتە، تارىخنىڭ ئىككى «تارىخىي ئېقىن»ى بار. ئۇلاردىن بىرى «نىجاتلىق ئېقىنى» ــ يەنى، خۇداغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ مەڭگۈ مۇددىئا-مەقسەتلىرىگە باغلانغانلارنىڭ تارىخىي ئېقىنى. ئىككىنچىسى، ئېتىقادسىز ئىنسانلارنىڭ تارىخىي ئېقىنى ــ ئۇلار گۇناھنىڭ قۇللۇقى ھەم ئۆزلىرىنىڭ چىرىكلىكى تۈپەيلىدىن تۈگىمەس بىر دەۋرىيلىككە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ قالغان بولىدۇ. كېيىم-كېچەكلىرىدە ئۆزگىرىشلەر بولسىمۇ، پەن-تېخنىكىدا «ئىلگىرىلەشلەر» بولسىمۇ، ئەمما گۇناھ ۋە چىرىكلىك قاتارلىق تۈپ ھادىسىلەر خۇددى ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئىنسان راكېتانى ئاي شارىغا يەتكۈزەلىسىمۇ، ئۆز مىجەزىنى باشقۇرالمايدۇ.

«نىجاتلىق تارىخىي ئېقىنى»نىڭ تۈپ پرىنسىپى خۇدانىڭ ئىبراھىمغا: «مەن ساڭا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىمەن... سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ!» دېگەن ۋەدىسىدە ئايان قىلىنىدۇ («يار.» 1:12-3). خۇدانىڭ بۇ مەقسىتىنىڭ ھەم ئۇزۇن ۋاقىت داۋامىدا ئاجايىب ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئىبراھىمنىڭ خۇدانىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىپ، ئىمان-ئىشەنچىنىڭ بىرىنچى قەدەملىرىنى بېسىشى بىلەن باشلىنىدۇ. خۇدا ئىبراھىمدىن ئىسھاقنى، ئىسھاقتىن ياقۇپنى، ياقۇپتىن ئىسرائىل خەلقىنى چىقىرىدۇ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ پاك-مۇقەددەس خاراكتېرىنى ئىسرائىلغا ۋەھىي بىلەن ئايان قىلىدۇ؛

ئىسرائىلدىن مەسىھ چىقىدۇ ۋە مەسىھدىن بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن نىجات ھەم مەڭگۈلۈك ھايات چىقىدۇ.

ئوقۇرمەننىڭ قولىدىكى تەۋراتنىڭ «باتۇر ھاكىملار» دېگەن قىسمىدا بىز بۇ ئىككى «تارىخىي ئېقىن»نى كۆرىمىز؛ ھالبۇكى، گۇناھ ۋە چىرىكلىكنىڭ دەۋرىيلىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا بىز شۇ «دەۋرىيلىك»نى پەۋقۇلئاددە بىر شەكىلدە كۆرىمىز: —

(ئا) ئىسرائىل گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن مەلۇم بىرخىل زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ.

(ئە) ئىسرائىل پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا: «بىزنى قۇتقۇزغايسەن» دەپ ئىندا قىلىپ پەرياد كۆتۈرىدۇ.

(ب) پەرۋەردىگار ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر قۇتقۇزغۇچى «باتۇر ھاكىم»نى تۇرغۇزىدۇ.

(پ) ئىسرائىل يەنە بىر قېتىم گۇناھقا، بولۇپمۇ بۇتپەرەسلىك گۇناھىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

(ت) «دەۋرىيلىك» يەنە باشلىنىدۇ. ئىسرائىل يەنە بىر قېتىم زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ. مۇشۇ قېتىملىق زۇلۇم بىرىنچى قېتىمقىسىدىن ئېغىرراق بولىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتلىرىمىزدە (2:11-23دە) بۇ «دەۋرىيلىك» يەكۈنلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا شۇ «گۇناھلىق دەۋر» قايتا-قايتا تەكرارلىنىدۇ. ئوقۇرمەن «باتۇر ھاكىملار» دېگەن كىتابدا ئۇنىڭ يەتتە قېتىم قايتىلانغىنىنى بايقايدۇ. خۇدانىڭ بۇ ئىشلاردا تۇپ مەقستى روسۇل پاۋلۇسنىڭ «رىملىقلارغا» يازغان خېتىدىكى: «چۈنكى يارىتىلغان كائىنات خۇدانىڭ لەنىتى ئاستىدا قىلىپ، بىمەنىلىككە چۆكتۈرۈلدى. بۇ، كائىناتنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى چۆكتۈرگۈچىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولدى ۋە شۇنداق ئۈمىدى بىلەن بولدىكى، كائىنات ئۆزىمۇ چىرىكلىشىشى بولغان قۇللۇقىدىن قۇتقۇزۇلۇپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىگە بېغىشلىنىدىغان شان-شەرەپكە تەۋە بولغان ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى پۈتكۈل كائىناتنىڭ ھازىرغىچە نالە-پەرياد كۆتۈرۈپ،

تۇغۇت تولغىقىنىڭ ئازابىنى بىرلىكتە تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز» دېگەن سىرلىق باياندا تەسۋىرلىنىدۇ («رىم.» 8:20-22).

پەقەت ئىنسانلار ئۆز قابىلىيىتىدىن، يەنى ئۆز-ئۆزىنى گۇناھنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزۇشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسا، ئاندىن مەسىھدە بولغان نىجاتنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولىدۇ. شۇ چاغقىچە بۇ «دەھشەتلىك دەۋرىيلىك» داۋاملىشىۋېرىدۇ. مانا بۇ «باتۇر ھاكىملار» دېگەننىڭ تۈپ خەۋرىدۇر؛ خۇدا ئىنساننىڭ «مېنى قۇتقۇزغايسەن» دېگەن نالە-پەريادىنى كۈتىدۇ؛ مەسىھ كەلگۈچە گۇناھتىن تامامەن قۇتۇلۇش يولىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئۇقىمىز.

خۇدانىڭ شۇ كۈنلەردە ئىسرائىلغا قاراتقان ۋاقىتلىق مەقسىتى «باتۇر ھاكىملار»دا تۆت قېتىم قايتىلانغان بىر باياندا پۈرتىلىدۇ: —

«شۇ كۈنلەردە ئىسرائىلدا ھېچ پادىشاھ بولمىدى؛ ھەركىم ئۆز نەزىرىدە ياخشى كۆرۈنگەننى قىلاتتى» (5:17، 1:18، 1:19، 25:21). «شۇ كۈنلەردە» دېگەن ئىبارە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، «باتۇر ھاكىملار» دېگەن كىتاب پۈتۈلگەن ۋاقىتلاردا ئىسرائىلدا پادىشاھلىق بار ئىدى؛ سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ شۇ مەزكۇر خاتىرىلەرنىڭ مۇئەللىپى بولۇش ئېھتىمالىقى بار. ئىسرائىلنىڭ ھالىتى پادىشاھ بولغاندا ياخشىراق بولىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار يەنە بېشىدىن كۆپ ئاچچىق ئىشلارنى كەچۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پادىشاھ مۇكەممەل بولمىسا، ئىشىمىز يەنىلا چاتاق بولىدىكەن، دەپ بىلىپ يېتىدۇ! بۇ جەريانلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرى يەنىلا پەقەت «مۇكەممەل پادىشاھ» سۈپىتىدە بولغان مەسىھكىلا باغلىنىدۇ؛ مەسىھنىڭ پادىشاھ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا «يار.» 10:49دە بېشارەت بېرىلىدۇ. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ھەمدە «سامۇئىل» ۋە «پادىشاھلار» دېگەن كىتابلاردىكى «كىرىش سۆز» ۋە «قوشۇمچە سۆز»لەردە يەنە توختىلىمىز.

ئوقۇرمەننىڭ ھاياتىدىكى «گۇناھ دەۋرىيلىكى» «ھاكىملار»دا خاتىرىلەنگەندەك بولمىسۇن، ئۇنىڭ خۇداغا نىدا قىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ «نىجاتلىق تارىخى» باشلانسۇن!

## كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى: ـ

(1) ئىسرائىلنىڭ دائىم گۇناھقا مۇرەسسە قىلىشى؛ خۇدانىڭ ئۇلارغا بولغان ساداقەتلىكى (1ـ2ـبابلار)

(2) «گۇناھنىڭ دەۋرىيلىكى» داۋاملىشىدۇ؛ خۇدانىڭ «قۇتقۇزغۇچى ھاكىملار»ى – ئوتنىئەل، ئەخۇد، شامگار، دەبوراھ بىلەن باراق، گىدېئون، تولا، يائىر، ئېلون، ئىبزان، ئابدون ۋە شىمشون (3ـ16ـبابلار)

(3) ئىسرائىل تېخىمۇ بۇزۇقچىلىققا پاتىدۇ: ـ
(ئا) شىمالىي تەرەپتىكى بۇتپەرەسلىك («دان»دا)
(ئە) جەنۇبىي تەرەپتىكى بۇزۇقچىلىق («بىنيامىن»دا) (17ـ21ـبابلار)

# باتۇر ھاكىملار

## ئىسرائىللارنىڭ قانائانىيلار بىلەن جەڭ قىلىپ، زېمىننى قىسمەن ئىگىلىشى

1 [1] ۋە يەشۇئا ۋاپات بولغاندىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، ئىسرائىللار
پەرۋەردىگاردىن: ــ بىزدىن كىم ئاۋۋال چىقىپ قانائانىيلار بىلەن
سوقۇشىسۇن؟ ــ دەپ سورىدى.
[2] پەرۋەردىگار سۆز قىلىپ: ــ يەھۇدا چىقسۇن؛ مانا، مەن زېمىننى
ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم، ــ دېدى.
[3] ئۇ ۋاقىتتا يەھۇدا ئاكىسى شىمېئونغا: ــ سەن مېنىڭ بىلەن
بىللە قانائانىيلار بىلەن سوقۇشۇشقا، ماڭا چەك تاشلىنىپ مىراس
قىلىنغان زېمىنغا چىقساڭ، مەنمۇ ساڭا چەك تاشلىنىپ مىراس
قىلىنغان زېمىنغا سەن بىلەن بىللە چىقىپ سوقۇشىمەن، دېيىدى،
شىمېئون ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى.
[4] يەھۇدا ئۇ يەرگە چىققاندا، پەرۋەردىگار قانائانىيلار ۋە پەرىززىيلەرنى
ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بېزەك دېگەن جايدا
ئۇلارنى ئۇرۇپ قىرىپ، ئون مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. [5] ئۇلار بېزەكتە
ئادونى-بېزەك دېگەن پادىشاھ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن

1:1 **«ۋە يەشۇئا ۋاپات بولغاندىن كېيىن شۇنداق بولدىكى...»** ــ مۇشۇ جۈملە «ۋە» دېگەن سۆز بىلەن باشلىنىپ، «باتۇر ھاكىملار» دېگەن كىتابنىڭ «يەشۇئا» دېگەن كىتاب بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «يە.» 33:24-ئايەتنى كۆرۈڭ. مەزكۇر كىتاب «يەشۇئا» دېگەن كىتابنىڭ داۋامىدۇر.

**1:1** ھاك. 18:20

2:1 **«يەھۇدا»** ــ مۇشۇ يەردە يەھۇدا قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

3:1 **«شىمېئون»** ــ مۇشۇ يەردە شىمېئون قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. **«سەن مېنىڭ بىلەن بىللە قانائانىيلار بىلەن سوقۇشۇشقا، ماڭا چەك تاشلىنىپ مىراس قىلىنغان زېمىنغا چىقساڭ،...»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «سەن»، «مەن»، «ماڭا»، «ئۇنىڭ» دېگەنلەر قەبىلىدىكى كۆپ ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

سوقۇشۇپ قانائانىيلار بىلەن پەرىززىيلەرنى ئۇرۇپ قىردى. [6] ئادونى-
بېزەك قاچتى، ئۇلار قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، قوللىرىنىڭ
چوڭ بارمىقى بىلەن پۇتلىرىنىڭ چوڭ بارمىقىنى كېسىۋەتتى.
[7] شۇنىڭ بىلەن ئادونى-بېزەك: ــ ئەينى چاغدا قوللىرىنىڭ چوڭ
بارمىقى بىلەن پۇتلىرىنىڭ چوڭ بارمىقى كېسىۋېتىلگەن يەتمىش
پادىشاھ داستىخىنىمنىڭ تېگىدىكى ئۇۋاقلارنى تېرىپ يېگەنىدى.
مانا ئەمدى خۇدا مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ئۆزۈمگە ياندۇردى، دېدى.
ئاندىن ئۇلار ئۇنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى، كېيىن ئۇ شۇ يەردە
ئۆلدى.

[8] يەھۇدالار يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئىشغال قىلغانىدى؛
ئۇلار ئۇ يەردە ئولتۇرغۇچىلارنى قىلىچلاپ قىرىپ، شەھەرگە ئوت
قويۇۋەتكەنىدى.
[9] ئاندىن يەھۇدالار چۈشۈپ، تاغلىق رايون، جەنۇبىدىكى نەگەۋ ۋە
شەفەلاھ ئويمانلىقىدا تۇرۇۋاتقان قانائانىيلار بىلەن سوقۇشتى.
[10] ئاندىن يەھۇدالار ھېبروندىكى قانائانىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ،
شېشاي، ئاھىمان ۋە تالمايلارنى ئۇرۇپ قىردى (ئىلگىرى ھېبرون

---

5:1 **«ئادونى-بېزەك»** ــ بەلكىم شۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ ئۇنۋانى بولۇشى مۇمكىن؛ مەنىسى «بېزەكنىڭ ئەمرى».

7:1 **«...ئاندىن ئۇلار ئادونى-بېزەكنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى، كېيىن ئۇ شۇ يەردە ئۆلدى»** ــ يەھۇدا ۋە شىمېئونلارنىڭ ئادونى-بېزەكنى تىرىك قالدۇرۇشى مۇسا پەيغەمبەر ۋە يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ بۇ تائىپىلەر توغرىسىدا تاپىلىغىنىغا خىلاپ ئىدى (مەسىلەن، «قان.» 16:7، «يە.» 40:10، 12:11).

8:1 **«...شەھەرنى ئىشغال قىلغانىدى... شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەنىدى»** ــ بۇ ئىشلار ئالىقاچان يۈز بەرگەنىدى. يە. 63:15نى كۆرۈڭ.

**8:1** يە. 63:15

**9:1** يە. 36:10؛ 21:11؛ 13:15

«كىرىئات-ئاربا» دەپ ئاتىلاتتى). [11] ئاندىن ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ، دەبىردە تۇرۇۋاتقانلارغا ھۇجۇم قىلدى (ئىلگىرى دەبىر «كىرىئات-سەفەر» دەپ ئاتىلاتتى).

[12] كالەب: ــ كىمكى كىرىئات-سەفەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئالسا، ئۇنىڭغا قىزىم ئاكساھنى خوتۇنلۇققا بېرىمەن، دېگەنىدى.
[13] كالەبنىڭ ئۇكىسى كېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىيەل ئۇنى ئىشغال قىلدى، كالەب ئۇنىڭغا قىزى ئاكساھنى خوتۇنلۇققا بەردى. [14] ۋە شۇنداق بولدىكى، قىز ياتلىق بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا بارار چاغدا، ئېرىنى ئاتىسىدىن بىر پارچە يەر سوراشقا ئۈندىدى. ئاكساھ ئېشەكتىن چۈشۈشىگە كالەب ئۇنىڭدىن: ــ سېنىڭ نېمە تەلىپىڭ بار؟ ــ دەپ سورىدى.
[15] ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ مېنى ئالاھىدە بىر بەرىكەتلىگەيسەن؛ سەن ماڭا نەگەۋدىن قاغجىراق يەر بەرگەنىكەنسەن، ماڭا بىرنەچچە بۇلاقنىمۇ بەرگەيسەن، دېدى. شۇنى دېۋىدى، كالەب ئۇنىڭغا ئۈستۈن بۇلاقلار بىلەن ئاستىن بۇلاقلارنى بەردى.

---

**10:1 «شېشاي، ئاھىمان ۋە تالمايلار»** ــ بۇ ئۈچ ئادەم گىگانت ئىدى («يە.» 14:15).
ــ دەسلەپتە يەشۇئا ھېبرون شەھىرىنى قولىغا ئالغانىدى. قارىغاندا قانائانىيلار ئۇنى قايتۇرۇۋالغانىدى.
**10:1** يە. 37-36:10؛ 14:15
**11:1** يە. 19-15:15.
**12:1** يە. 19-16:15
**14:1 «ئاكساھ ئېشەكتىن چۈشۈشىگە كالەب ئۇنىڭدىن ... سورىدى»** ــ بۇ ئىش سەل سىرلىق تۇيۇلىدۇ. نېمىشقا ئوتنىيەلنىڭ ئۆزى بۇ تەلەپنى قويمايدۇ؟ ئاكساھ تويغا بارغاندا ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بارغان بولسا كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن ئوتنىيەلنىڭكىگە بارغاندا ئاكساھ ئۆزى ئالدىراپ كېتىپ بىۋاستە ئاتىسىغا شۇ تەلەپنى قويغان بولسا كېرەك.
**15:1 «سەن ماڭا نەگەۋدىن قاغجىراق يەر بەرگەنىكەنسەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا پەقەت «سەن ماڭا نەگەۋدىن يەر بەرگەنىكەنسەن...» دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە دەبىر دېگەن شەھەر نەگەۋدە ئەمەس (نەگەۋ يەھۇدانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى چۆللۈك ئىدى)؛ بەلكى تاغلىق رايوندا ئىدى. لېكىن ئەتراپىدا سۇ ئاز بولغاچقا، ئاكساھ شۇ يەرنى «نەگەۋدەك (دېمەك، قاغجىراق) بىر يەر» دەپ پۈرىتىدۇ.

[16] مۇسانىڭ قېنىئاتىسىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان كېنىيلەر يەھۇداغا قوشۇلۇپ «خورمىلىق شەھەر»دىن چىقىپ ئارادنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يەھۇدا چۆللىگە بېرىپ، شۇ يەردىكى خەلق بىلەن بىللە تۇرغانىدى.
[17] يەھۇدا بولسا ئاكىسى شىمېئون بىلەن بىللە بېرىپ، زەفات شەھرىدە تۇرۇۋاتقان قانائانىيلارنى ئۇرۇپ قىرىپ، شەھەرنى مۇتلەق ۋەيران قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ ئىسمى «خورماھ» دەپ ئاتالغان.
[18] ئاندىن يەھۇدالار گازا بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى، ئاشكېلون بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى، ئەكرون بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىدى. [19] پەرۋەردىگار يەھۇدا بىلەن بىللە بولغاچ، ئۇلار تاغلىق يۇرتنى مەغلۇپ قىلىپ ئالدى؛ لېكىن جىلغىدىكىلەرنى بولسا، ئۇلارنىڭ تۆمۈر جەڭ ھارۋىلىرى بولغاچقا، ئۇلارنى زېمىنىدىن قوغلىۋېتەلمىدى.
[20] ئۇلار مۇسانىڭ بۇيرۇغىنىدەك ھېبروننى كالەبكە بەردى. شۇنىڭ بىلەن كالەب ئاناكنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ئۇ يەردىن قوغلىۋەتتى.

[21] لېكىن بىنيامىنلار بولسا يېرۇسالېمدا ئولتۇرۇۋاتقان يەبۇسىيلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەلمىدى؛ شۇڭا تا بۈگۈنگىچە يەبۇسىيلار بىنيامىنلار بىلەن يېرۇسالېمدا بىللە تۇرماقتا.

[22] يۈسۈپنىڭ جەمەتى بەيت-ئەلگە ھۇجۇم قىلدى؛ پەرۋەردىگار ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. [23] يۈسۈپنىڭ جەمەتى بەيت-ئەلنىڭ ئەھۋالىنى

---

16:1 **«خورمىلىق شەھەر»** ــ يېرىخونىڭ باشقا بىر نامى. يەشۇئا يېرىخو شەھىرىنى خارابە قىلغانىدى («يە.» 24:6)؛ شۇڭا «خورمىلىق شەھەر» مۇشۇ يەردە يېرىخونىڭ ئەتراپلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. **«مۇسانىڭ قېنىئاتىسىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان كېنىيلەر يەھۇداغا قوشۇلۇپ ... شۇ يەردىكى خەلق بىلەن بىللە تۇرغانىدى»** ــ بۇ خەۋەرنى بېرىشنىڭ سەۋەبى كېنىيلەرنىڭ يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەرگە بولغان ئامراقلىقىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.
17:1 **«ھورماھ»** ــ بۇنىڭ مەنىسى «ۋەيران قىلىش».
19:1 **«...جىلغىدىكىلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... تۈزلەڭ يۇرتتىكىلەر».
20:1 چۆل. 24:14؛ يە. 13:14

**بىلىپ كېلىشكە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى (ئىلگىرى شەھەرنىڭ**
**نامى لۇز ئىدى). [24] چارلىغۇچىلار شەھەردىن بىر كىشىنىڭ چىقىپ**
**كېلىۋاتقىنىنى بايقاپ ئۇنىڭغا: ــ شەھەرگە كىرىدىغان يولنى بىزگە**
**كۆرسىتىپ قويساڭ، ساڭا شاپائەت كۆرسىتىمىز، ــ دېدى.**
**[25] شۇنىڭ بىلەن شۇ كىشى شەھەرگە كىرىدىغان يولنى ئۇلارغا**
**كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلار بېرىپ شەھەردىكىلەرنى ئۇرۇپ**
**قىلىچلىدى؛ لېكىن ئۇ ئادەم بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئامان**
**قويدى. [26] ئۇ ئادەم كېيىن ھىتتىيلارنىڭ زېمىنىغا بېرىپ، شۇ يەردە**
**بىر شەھەر بەرپا قىلىپ، نامىنى لۇز دەپ ئاتىدى. تا بۈگۈنگىچە**
**ئۇنىڭ نامى شۇنداق ئاتالماقتا.**
**[27] لېكىن ماناسسەھلەر بولسا بەيت-شېئاننى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق**
**كەنتلەرنى، تائاناقنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەنتلەرنى ئىشغال**
**قىلمىدى؛ ئۇلار دورۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەنتلەردىكى خەلقنى، ئىبلېئام**
**ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەنتلەردىكى خەلقنى، مېگىددو ۋە ئۇنىڭغا**
**قاراشلىق كەنتلەردىكى خەلقنى قوغلىۋەتمىدى، زېمىننى ئالمىدى؛**
**قانائانىيلار شۇ زېمىندا تۇرۇۋېرىشكە بەل باغلىغانىدى. [28] ئىسرائىل**
**بارغانسېرى كۈچەيگەچكە قانائانىيلارنى ئۆزلىرىگە ھاشارچى قىلىپ**
**بېقىندۇردى، لېكىن ئۇلارنى ئۆز يەرلىرىدىن پۈتۈنلەي قوغلىۋەتمىدى.**
**[29] ئەفرائىملارمۇ گەزەردە تۇرۇۋاتقان قانائانىيلارنى قوغلىۋەتمىدى؛**
**شۇنىڭ بىلەن قانائانىيلار گەزەردە ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىۋەردى.**

**23:1** يار. 19:28

**25:1** **«... شۇ كىشى شەھەرگە كىرىدىغان يولنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويدى»** ــ يۈسۈپنىڭ جەمەتىدىكىلەر شەھەرنى ئالدىقاچان قورشىۋالغانىدى؛ بۇ كىشى شەھەرگە كىرىدىغان مەخپىي يولنى كۆرسىتىپ قويغان ئوخشايدۇ.

**27:1** **«ماناسسەھلەر»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، يۈسۈپ قەبىلىسى ماناسسەھ قەبىلىسى ۋە ئەفرائىم قەبىلىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى.

**27:1** يە. 11:17، 12

**29:1** **«ئەفرائىملارمۇ...»** ــ يۇقىرىقى 27-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. يۈسۈپ قەبىلىسى ماناسسەھ قەبىلىسى ۋە ئەفرائىم قەبىلىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى.

**29:1** يە. 10:16

[30] زەبۇلۇن نە قىتروندا تۇرۇۋاتقانلارنى نە ناھالولدا تۇرۇۋاتقانلارنى قوغلىۋەتمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن قانائانىيلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئۇلارغا ھاشارچى مەدىكار بولدى.

[31] ئاشىر بولسا نە ئاككودا تۇرۇۋاتقانلارنى نە زىدوندا تۇرۇۋاتقانلارنى قوغلىۋەتمىدى، شۇنداقلا ئاھلاب، ئاقزىب، ھەلباھ، ئافەك رەھوبلاردا تۇرۇۋاتقانلارنىمۇ قوغلىۋەتمىدى. [32] شۇنىڭ بىلەن ئاشىرلار شۇ زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا، يەنى قانائانىيلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى؛ ئۇلار قانائانىيلارنى ئۆز يېرىدىن قوغلىۋەتمىدى.
[33] نافتالىلار نە بەيت-شەمەشتە تۇرۇۋاتقانلارنى نە بەيت-ئاناتتا تۇرۇۋاتقانلارنى قوغلىۋەتمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا، يەنى قانائانىيلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى؛ بەيت-شەمەش ۋە بەيت-ئاناتتىكى خەلق ئۇلارغا ھاشارچى مەدىكار بولدى.
[34] ئامورىيلار دانلارنى تاغلىق رايونغا مەجبۇرىي ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنى جىلغا-تۈزلەڭلىككە چۈشۈشكە يول قويمىدى. [35] ئامورىيلار ھەرەس تېغى، ئايجالون ۋە شائالبىمدا تۇرۇۋېرىشكە نىيەت باغلىغانىدى؛ لېكىن يۈسۈپ جەمەتىنىڭ قولى كۈچەيگەندە، قانائانىيلار ئۇلارغا ھاشارچى مەدىكار بولدى. [36] ئامورىيلارنىڭ چېگرىسى بولسا «سېرىق ئېشەك داۋىنى»دىن قورام تېشىغا ئۆتۈپ يۇقىرى تەرىپىگە باراتتى.

30:1 **«ناھالول»** ــ ياكى «ناھالال».
31:1 **«ئافەك»** ــ ياكى «ئافىك».
36:1 **«سېرىق ئېشەك داۋىنى»** ــ بەزىدە (ئىبرانىي تىلىغا ئەگىشىپ) «ئاكراببىم داۋىنى» دەپ ئاتىلىدۇ. **قورام تېشى»** ــ ياكى «سېلا». **«ئامورىيلارنىڭ چېگرىسى ... «سېرىق ئېشەك داۋىنى»دىن قورام تېشىغا ئۆتۈپ يۇقىرى تەرىپىگە باراتتى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئامورىيلارنىڭ چېگرىسى بولسا «سېرىق ئېشەك داۋىنى»دىكى قورام تېشىدىن تارتىپ يۇقىرى تەرىپىگە باراتتى».

## پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئىسرائىلغا تەنبىھ بېرىشى

2 [1] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى گىلگالدىن بوكىمغا كېلىپ: ــ مەن
سىلەرنى مىسىردىن چىقىرىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قەسەم قىلىپ
بەرگەن زېمىنغا ئېلىپ كېلىپ: «مەن سىلەر بىلەن قىلغان ئەھدەمنى
ئەبەدگىچە بىكار قىلمايمەن؛ [2] لېكىن سىلەر بۇ زېمىنىنىڭ خەلقى بىلەن
ھېچقانداق ئەھدە باغلىماڭلار، بەلكى ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرىنى بۇزۇپ
تاشلىشىڭلار كېرەك» ــ دېگەنىدىم؛ لېكىن سىلەر مېنىڭ ئاۋازىمغا
قۇلاق سالمىدىڭلار. بۇ سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار؟! [3] شۇڭا مەن شۇ
چاغدا سىلەرگە: «شۇنداق قىلساڭلار ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىن
قوغلىۋەتمەيمەن؛ ئۇلار بىقىنىڭلارغا يانتاق بولۇپ سانجىلىدۇ، ئۇلارنىڭ
ئىلاھلىرى سىلەرگە تور-تۇزاق بولىدۇ» ــ دەپ ئاگاھلاندۇردۇم، ــ دېدى.
[4] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بارلىق ئىسرائىللارغا بۇلارنى دېگەندە،
ئۇلار ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى. [5] شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ
نامى «بوكىم» دەپ قويۇلدى؛ ئۇلار شۇ يەردە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
قۇربانلىقلارنى سۇندى.

## يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن كېيىن بولغان ئىشلار تەكرار ئۆتكۈزۈش

[6] يەشۇئا خەلقنى تارقىتىۋېتىۋىدى، ئىسرائىللار ھەرقايسىسى
ئۆزلىرىگە مىراس قىلىنغان زېمىننى ئىگىلەش ئۈچۈن قايتىپ

1:2 **«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»** ــ «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

1:2 يار. 7:17؛ مىس. 20:23-22؛ قان. 13:29، 14

2:2 قان. 2:7؛ 3:12

3:2 **«ئۇلار بىقىنىڭلارغا يانتاق بولۇپ سانجىلىدۇ»** ــ ياكى «ئۇلار سىلەرنى قىلتاقلارغا چۈشۈرىدۇ».

3:2 مىس. 33:23؛ 12:34؛ قان. 16:7؛ يە. 13:23

5:2 **«بوكىم»** ــ مەنىسى «يىغلىغۇچىلار». **«... ئۇلار شۇ يەردە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىقلارنى سۇندى»** ــ بۇ ئىشقا قارىغاندا، «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ئايان بولغان چاغدا، شۇ يەرلەردە قۇربانلىق قىلسا بولاتتى. ئادەتتە پەقەت خۇدا بېكىتكەن جايدىلا قۇربانلىق سۇنۇشقا بولاتتى («قان.» 5:12-14نى كۆرۈڭ).

كېتىشتى. [7]يەشۇئانىڭ پۈتكۈل ھايات كۈنلىرىدە، شۇنداقلا يەشۇئادىن كېيىن قالغان، پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان ھەممە كارامەت ئەمەللىرىنى ئۆبدان بىلگەن ئاقساقاللارنىڭ پۈتكۈل ھايات كۈنلىرىدىمۇ ئىسرائىل خەلقى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىدە بولۇپ تۇردى. [8]ئەمدى نۇننىڭ ئوغلى، پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى يەشۇئا بىر يۈز ئون يېشىدا ۋاپات بولدى. [9]ئۇلار ئۇنى ئېلىپ بېرىپ، ئەفرائىم تاغلىق رايونىدا، گائاش تېغىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئۆز مىراس ئۈلۈشى بولغان تىمنات-سېراھ دېگەن جايدا دەپنە قىلدى. [10]بۇ دەۋردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى؛ ئۇلاردىن كېيىن پەرۋەردىگارنىمۇ تونۇمايدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان ئەمەللىرىنى بىلمىگەن بىر دەۋر پەيدا بولدى.

## ئىسرائىلنىڭ گۇناھنى ئۆزلۈكسىز تەكرارلىشى

[11]شۇنىڭدىن تارتىپ ئىسرائىل پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ بائال-بۇتلارنىڭ ئىبادىتىگە كىرىشتى. [12]ئۇلار ئۆزلىرىنى مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ ئېلىپ كەلگەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنى تاشلاپ، ئەتراپىدىكى تائىپىلەرنىڭ ئىلاھلىرىدىن بولغان يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارغا باش ئۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. [13]ئۇلار پەرۋەردىگارنى تاشلاپ، بائال ۋە ئاشەراھلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرىشتى.

[14]بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا تۇتىشىپ، خاراب قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى، يەنە ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى؛ قىلىنسۇن دەپ، ئۇ ئۇلارنى تالان-تاراج

6:2 يە. 28:24

9:2 «تىمنات-سېراھ» ــ ياكى «تىمنات-ھەرەس».

13:2 ««ئاشەراھلار» ياكى ئاشەراھ بۇتلار» ــ بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم ئايال بۇت شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرەلمىدى. [15] ئۇلار
قەيەرگە بارمىسۇن، پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇلارنى ئاپەت بىلەن ئۇردى،
خۇددى پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىدەك، ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارغا قەسەم
قىلغىنىدەك، ئۇلار تولىمۇ ئازابلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. [16] ئاندىن
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن باتۇر ھاكىملارنى تۇرغۇزدى، ئۇلار
ئىسرائىللارنى تالان-تاراج قىلغۇچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى.
[17] شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئۆز ھاكىملىرىغا قۇلاق سالمىدى؛ ئەكسىچە
ئۇلار يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ بۇزۇقلۇق قىلىپ، ئۇلارغا باش ئۇرۇپ
چوقۇندى؛ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ماڭغان يولىدىن، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ
ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىش يولىدىن تېزلا چىقىپ كەتتى؛ ئۇلار
ھېچ ئىتائەت قىلمىدى. [18] پەرۋەردىگار قاچانىكى ئۇلار ئۈچۈن باتۇر
ھاكىملارنى تۇرغۇزسا، پەرۋەردىگار ھامان شۇ باتۇر ھاكىم بىلەن بىللە
بولاتتى، باتۇر ھاكىمنىڭ ھايات كۈنلىرىدە ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزۇپ چىقاتتى؛ چۈنكى ئۇلارنى خارلاپ ئەزگەنلەر
تۈپەيلىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاھ-زارلارنى ئاڭلىغان پەرۋەردىگار ئۇلارغا
ئىچىنى ئاغرىتاتتى.
[19] لېكىن باتۇر ھاكىم ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا، ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ،
يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرىپ، ئۇلارغا باش
ئۇرۇشۇپ، ئۆزلىرىنى ئاتا-بوۋىلىرىدىنمۇ زىيادە بۇلغايتتى؛ ئۇلار نە
شۇ قىلمىشلىرىدىن توختىمايتتى، نە ئۆز جاھىل يولىدىن ھېچ يان
مايتتى. [20] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا قاتتىق
تۇتاشتى، ئۇ: ــ «بۇ خەلق مەن ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا تاپىلىغان
ئەھدەمنى بۇزۇپ، ئاۋازىمغا قۇلاق سالمىغىنى ئۈچۈن، [21] بۇنىڭدىن
كېيىن مەن يەشۇئا ئۆلگەندە بۇ يۇرتتا قالدۇرغان تائىپىلەردىن

**14:2** زەب. 12:44-14؛ يەش. 1:50

**15:2** لاۋ. 26؛ قان. 28

**19:2** ھاك. 12:3

ھېچبىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قوغلىۋەتمەيمەن؛ 22 بۇنىڭدىكى
مەقسەت، مەن شۇلار ئارقىلىق ئىسرائىلنىڭ ئۇلارنىڭ ئاتا-
بوۋىلىرى تۇتقاندەك، مەن پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭىدىغان-
ماڭمايدىغانلىقىنى سىنايمەن» ــ دېدى.
23 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار شۇ تائىپىلەرنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنى نە
دەرھاللا زېمىنىدىن مەھرۇم قىلىپ قوغلىۋەتمىدى نە يەشۇئانىڭ
قولىغىمۇ تاپشۇرۇپ بەرمىگەنىدى.

3 1 تۆۋەندىكىلەر پەرۋەردىگار قانائانىيلار بىلەن بولغان جەڭنى
بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرىنى سىناش
ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان تائىپىلەر 2 (ئۇ ئىسرائىللارنىڭ ئەۋلادلىرىنى،
بولۇپمۇ جەڭ-ئۇرۇشلارنى كۆرۈپ باقمىغانلارنى پەقەت جەڭنى
ئۆگۈنسۇن دەپ قالدۇرغانىدى): ــ
3 ــ ئۇلار فىلىستىيلەرنىڭ بەش ئەمىرلىكى، بارلىق قانائانىيلار،
زىدونلۇقلار ۋە بائال-ھەرمون تېغىدىن تارتىپ خامات ئېغىزىغىچە
لىۋان تاغلىقىدا تۇرۇۋاتقان ھىۋىيلار ئىدى؛ 4 ئۇلارنى قالدۇرۇپ
قويۇشتىكى مەقسىتى ئىسرائىلنى سىناش، يەنى ئۇلارنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىغا
بۇيرۇغان ئەمرلىرىنى تۇتىدىغان-تۇتمايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن
ئىدى. 5 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار قانائانىيلار، يەنى ھىتتىيلار،
ئاموريلار، پەرىززىيلەر، ھىۋىيلار ۋە يەبۇسىيلار ئارىسىدا تۇردى؛
6 ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ، ئۆز قىزلىرىنى ئۇلارنىڭ
ئوغۇللىرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ قۇللۇقىغا كىردى.

21:2 يە. 13:23

23:2 **«شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار شۇ تائىپىلەرنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ... نە يەشۇئانىڭ قولىغىمۇ تاپشۇرۇپ بەرمىگەنىدى»** ــ بۇ ئايەتلەر، يەنى 10-23-ئايەتلەر «باتۇر ھاكىملار» دېگەن كىتابنىڭ قىسقا يەكۈنىدىن ئىبارەتتۇر.

3:3 **«خامات ئېغىزىغىچە...»** ــ ياكى «لىبو-خاماتقىچە...».

# «باتۇر ھاكىملار» نىڭ دەۋرى



## بىرىنچى «باتۇر ھاكىم» ـ ئوتنىيەل

7 ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ، ئۆز خۇداسى پەرۋەردىگارنى ئۇنتۇپ، بائاللار ۋە ئاشەراھلارنىڭ قۇللۇقىغا كىردى. 8 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا تۇتىشىپ، ئۇلارنى ئارام-ناھارائىمنىڭ پادىشاھى قۇشان-رىشاتائىمنىڭ قولىغا تاپشۇردى. بۇ تەرىقىدە ئىسرائىللار سەككىز يىلغىچە قۇشان-رىشاتائىمغا بېقىندى بولدى. 9 ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا پەرياد كۆتۈرگەندە، پەرۋەردىگار ئۇلار ئۈچۈن بىر قۇتقۇزغۇچىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇ ئۇلارنى قۇتقۇزدى. ئۇ كىشى كالەبنىڭ ئىنىسى كېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىيەل ئىدى.

10 پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇ ئىسرائىلغا ھاكىملىق قىلدى؛ ئۇ جەڭگە چىقىۋىدى، پەرۋەردىگار ئارامنىڭ پادىشاھى قۇشان-رىشاتائىمنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردى؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇشان-رىشاتائىمنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى. 11 شۇنىڭدىن كېيىن زېمىندا قىرىق يىلغىچە ئامانلىق بولدى؛ كېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىيەل ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئىسرائىلنىڭ يەنە گۇناھ قىلىشى ۋە جازالىنىشى، «باتۇر ھاكىم ئەھۇد»

12 ئاندىن ئىسرائىللار يەنە پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلغاچقا، ئۇ موئابنىڭ پادىشاھى ئەگلوننى ئىسرائىل بىلەن قارشىلىشىشقا كۈچلەندۈردى. 13 ئۇ ئاممونىيلار ۋە ئامالەكىيلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، جەڭگە چىقىپ ئىسرائىلنى ئۇرۇپ قىرىپ، «خورمىلىق شەھەر»نى ئىشغال قىلدى. 14 بۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئون سەككىز يىلغىچە

8:3 **«خامات ئېغىزىغىچە...»** ــ «ئارام-ناھارائىم» ياكى «مېسوپوتامىيا»، يەنى «ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رايون».
10:3 **«ئارام»** ــ «سۇرىيە»نىڭ قەدىمكى نامى.
13:3 **«خورمىلىق شەھەر»** ــ يېرىخونىڭ باشقا بىر نامى.

موئابنىڭ پادىشاھى ئەگلونغا بېقىندى بولدى.
15 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا پەرياد كۆتۈردى؛ پەرۋەردىگار
ئۇلار ئۈچۈن بىر قۇتقۇزغۇچى، يەنى بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان
گەرانىڭ ئوغلى ئەھۇدنى تۇرغۇزدى؛ ئۇ سولخاي ئىدى. ئىسرائىل ئۇنىڭ
قولى بىلەن موئابنىڭ پادىشاھى ئەگلونغا سوۋغات ئەۋەتتى.
16 ئەمدى ئەھۇد ئۆزىگە بىر گەز ئۇزۇنلۇقتا ئىككى بىسلىق بىر شەمشەر
ياساتقانىدى؛ ئۇنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە، ئوڭ يوتىسىنىڭ ئۈستىگە
قىستۇرۇۋالدى؛ 17 ئۇ شۇ ھالەتتە سوۋغاتنى موئابنىڭ پادىشاھى
ئەگلوننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەگلون تولىمۇ سېمىز بىر ئادەم
ئىدى. 18 ئەھۇد سوۋغاتنى تەقدىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سوۋغاتنى
كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشىلەرنى كەتكۈزۈۋەتتى؛ 19 ئاندىن ئۆزى گىلگالنىڭ
يېنىدىكى تاش ئويمىلار بار جايدىن يېنىپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا
كېلىپ: ــ ئەي پادىشاھ، مەندە ئۆزلىرىگە دەيدىغان بىر مەخپىيەتلىك
بار ئىدى، ــ دېۋىدى، پادىشاھ: ــ جىم تۇر! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن
ئەتراپىدىكى خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىقىپ كەتتى.
20 ئاندىن ئەھۇد پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى؛ پادىشاھ يالغۇز سالقىن
بالىخانىدا ئولتۇراتتى. ئەھۇد: ــ مەندە سىلى ئۈچۈن خۇدادىن
كەلگەن بىر سۆز بار، دېۋىدى، پادىشاھ ئورۇندۇقتىن قوپۇپ ئۆرە
تۇردى. 21 شۇنىڭ بىلەن ئەھۇد سول قولىنى ئۇزىتىپ ئوڭ يوتىسىدىن
شەمشەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقتى. 22 شۇنداق
قىلىپ شەمشەرنىڭ دەستىسىمۇ تىغى بىلەن قوشۇلۇپ كىرىپ
كەتتى، سېمىز ئېتى شەمشەرنى قىسىۋالغاچقا، ئەھۇد شەمشەرنى
قورسىقىدىن تارتىپ چىقىرىۋالمىدى؛ ئۇچەي-پوقى ئارقىدىن چىقتى.

19:3 **«گىلگالنىڭ يېنىدىكى تاش ئويمىلار بار جاي...»** ــ ياكى «گىلگالنىڭ يېنىدىكى تاش ئويمىلار بار جاي ئويما بۇتلار...» ياكى «گىلگالنىڭ يېنىدىكى تاشلىقلار...». **«جىم تۇر!»** ــ بۇ بۇيرۇق مۇشۇ يەردە «بۇ مەخپىي خەۋەرنى خىزمەتكارلىرىم ئالدىدا دېمە، مەن خالىي بولۇشۇم كېرەك» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. شۇڭا خىزمەتكارلىرى چىكىنىدۇ.

22:3 **«... ئۇچەي-پوقى ئارقىدىن چىقتى»** ــ ئايەتنىڭ بۇ ئاخىرقى قىسمىنىڭ باشقا ئىككى-ئۈچ تەرجىمىلىرى بار: «ئۇ (شەمشەر) ئارقىدىن چىقتى»، «ئۇ (شەمشەر) ئىككى پۇتى ئوتتۇرىسىدىن

[23] ئاندىن ئەھۇد دالانغا چىقىپ، بالىخانىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئىچىدىن
ئېتىپ قۇلۇپلاپ قويدى. [24] ئۇ چىقىپ كەتكەندە، پادىشاھنىڭ
خىزمەتچىلىرى كېلىپ قارىسا، بالىخانىنىڭ ئىشىكلىرى
قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئۇلار: ــ پادىشاھ سالقىن ئۆيدە چوڭ تەرەتكە
ئولتۇرغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.
[25] ئۇلار ئۇزۇن ساقلاپ كىرمىسەك سەت بولارمۇ دەپ ئويلاشتى؛ ئۇ يەنىلا
بالىخانىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچمىغاندىن كېيىن، ئاچقۇچنى ئېلىپ
ئىشىكلەرنى ئېچىۋىدى، مانا، خوجىسىنىڭ يەردە ئۆلۈك ياتقىنىنى
كۆردى. [26] ئەمدى ئۇلار ئىككىلىنىپ قاراپ تۇرغان ۋاقتىدا، ئەھۇد
قېچىپ چىققانىدى؛ ئۇ تاش ئويمىلار بار جايدىن ئۆتۈپ، سېئىراھقا
قېچىپ كەلگەنىدى. [27] شۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇ ئەفرائىم تاغلىق رايونىدا
كاناي چېلىۋىدى، ئىسرائىللار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تاغلىق رايوندىن
چۈشتى، ئۇ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. [28] ئۇ ئۇلارغا: ــ ماڭا ئەگىشىپ
يۈرۈڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار دۈشمىنىڭلار موئابىيلارنى قولۇڭلارغا
تاپشۇردى، ــ دېۋىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چۈشۈپ، ئىئوردان
دەرياسىنىڭ كېچىكلىرىنى تۇسۇپ، ھېچكىمنى ئۆتكۈزمىدى.
[29] ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار موئابىيلاردىن ئون مىڭچە ئەسكەرنى ئۆلتۈردى؛
بۇلارنىڭ ھەممىسى تەمبەل پالۋانلار ئىدى؛ ئۇلاردىن ھېچبىر ئادەم
قېچىپ قۇتۇلالمىدى.
[30] شۇ كۈنى موئاب ئىسرائىلنىڭ قولىدا بېسىقتۇرۇلدى. زېمىن
سەكسەن يىلغىچە ئامان-تىنچلىقتا تۇردى.

---

چىقتى»، «ئۇ (ئەھۇد) (بالىخانىنىڭ) كەينىدىن چىقتى».

24:3 **«چوڭ تەرەتكە ئولتۇرغان بولسا كېرەك»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «پۇتلىرىنى ياپقان بولسا كېرەك» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

29:3 **«...ئۇلار موئابىيلاردىن ئون مىڭچە ئەسكەرنى ئۆلتۈردى...»** ــ بۇ ئون مىڭچە ئەسكەر بەلكىم موئابنىڭ ئىسرائىللارنى قۇللۇقتا چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىسرائىل زېمىنىنى ئىدارە قىلىشقا قالدۇرغان قوشۇنى بولسا كېرەك. ئەھۇدنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ كېچىكلىرىنى توسۇشى ئۇلارنىڭ موئاب زېمىنىغا قېچىش يولىنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىدى. **«... تەمبەل پالۋانلار...»** ــ ياكى «... سېمىز پالۋانلار...».

## شامگار

31 ئەھۇددىن كېيىن ئاناتنىڭ ئوغلى شامگار ھاكىم بولدى؛ ئۇ ئالتە
يۈز فىلىستىيەلىكنى بىراقلا كالا سانجىغۇچ بىلەن ئۆلتۈردى؛ ئۇمۇ
ئىسرائىلنى قۇتقۇزدى.

## دەبوراھ ۋە باراق

4 1 ئەمدى ئەھۇد ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ
نەزىرىدە يەنە رەزىل بولغاننى قىلغىلى تۇردى. 2 شۇنىڭ بىلەن
پەرۋەردىگار ئۇلارنى قانائانىيلارنىڭ پادىشاھى يابىننىڭ قولىغا
تاشلاپ بەردى. يابىن ھازور شەھىرىدە سەلتەنەت قىلاتتى؛ ئۇنىڭ
قوشۇن سەردارىنىڭ ئىسمى سىسېرا بولۇپ، ئۇ ھاروشەت-گويىم
دېگەن شەھەردە تۇراتتى. 3 ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا نالە-پەرياد
كۆتۈردى، چۈنكى يابىننىڭ توققۇز يۈز تۆمۈر جەڭ ھارۋىسى بولۇپ،
ئىسرائىللارغا يىگىرمە يىلدىن بۇيان تولىمۇ زۇلۇم قىلىپ كەلگەنىدى.
4 ئۇ ۋاقىتتا لاپىدوتنىڭ خوتۇنى دەبوراھ دېگەن ئايال پەيغەمبەر
ئىسرائىلغا ھاكىم ئىدى. 5 ئۇ ئەفرائىم تاغلىقىدىكى راماھ بىلەن
بەيت-ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «دەبوراھنىڭ خورما دەرىخى»نىڭ
تۈۋىدە ئولتۇراتتى؛ بارلىق ئىسرائىللار دەۋالىرى توغرىسىدا ھۆكۈم
سورىغىلى ئۇنىڭ قېشىغا كېلەتتى.

31:3 **«ئەھۇددىن كېيىن ئاناتنىڭ ئوغلى شامگار ھاكىم بولدى... ئۇمۇ ئىسرائىلنى قۇتقۇزدى»** — شامگارنىڭ فىلىستىيلەر بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئىسرائىلنىڭ مەغرىب تەرىپىدە، دېڭىز بويىدىكى تۈزلەڭلىكتە ھاكىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. 1:4گە قارىغاندا، «دەبوراھ ۋە باراق» شامگار بىلەن زاماندىش بولسا كېرەك؛ لېكىن ئۇلار زېمىننىڭ شىمال ۋە شەرق تەرىپىدە ھاكىملىق قىلاتتى.

2:4 **«قانائانىيلارنىڭ پادىشاھى يابىن...»** — «يابىن» ھازور پادىشاھىنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇنۋانى بولۇشى مۇمكىن. **«... يابىننىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى»** — ئىبرانىي تىلدا «يابىننىڭ قولىغا سېتىپ بەردى». **«ھاروشەت-گويىم دېگەن شەھەر...»** — ياكى «تائىپىلەرنىڭ ئورمانلىق شەھىرى».

**2:4** 1سام. 9:12

[6]ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ نافتالى يۇرتىدىكى كەدەشتىن ئابىنوئامنىڭ
ئوغلى باراقنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: ــ مانا، ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق ئەمر قىلغان ئەمەسمۇ؟! ئۇ: ــ سەن
بېرىپ نافتالىلار قەبىلىسى ھەم زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن ئون مىڭ
ئادەمنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ تابور تېغىغا چىققىن؛ [7]شۇنىڭ
بىلەن مەن يابىننىڭ قوشۇن سەردارى سىسېرانى جەڭ ھارۋىلىرى
ۋە قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇپ كىشون ئېقىنىنىڭ بويىغا، سېنىڭ
قېشىڭغا بارغۇسى نىيەتكە سېلىپ، ئۇنى قولۇڭغا تاپشۇرىمەن
دېگەن، ــ دېدى.
[8]باراق ئۇنىڭغا: ــ ئەگەر سەن مەن بىلەن بىللە بارساڭ، مەنمۇ بارىمەن.
سەن مەن بىلەن بارمىساڭ، مەنمۇ بارمايمەن! ــ دېدى.



تابور تېغىنىڭ مەنزىرىسى (يىزرەئەل تۈزلەڭلىكىدىن قارايدىغان) «ھاك.» 12:4

6:4 **«... پەرۋەردىگار مۇنداق ئەمر قىلغان ئەمەسمۇ؟!»** ــ ياكى «... پەرۋەردىگار ساڭا ئەمر قىلغان ئەمەسمۇ؟!».

**6:4** ئىبر. 32:11

**7:4** زەب. 83:9-10

9 دەبوراھ جاۋابەن: ــ ماقۇل، مەن سەن بىلەن بارسام باراي؛ ھالبۇكى،
سەپىرىڭ ساڭا ھېچ شان-شەرەپ كەلتۈرمەيدۇ؛ چۈنكى پەرۋەردىگار
سىسېرانى بىر ئايال كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ، ــ دېدى. شۇنىڭ
بىلەن دەبوراھ قوپۇپ باراق بىلەن بىللە كەدەشكە ماڭدى.

10 باراق زەبۇلۇنلار ۋە نافتالىلارنى كەدەشكە چاقىرتتى؛ شۇنىڭ بىلەن
ئون مىڭ ئادەم ئۇنىڭغا ئەگەشتى؛ دەبوراھمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقتى 11 (شۇ
چاغدا كېنىيلەردىن بولغان ھەبەر ئۆزىنى مۇسانىڭ قېيىنئىنىسى
ھوبابنىڭ نەسلىدىن بولغان كېنىيلەردىن ئايرىپ چىقىپ، كەدەشنىڭ
يېنىدىكى زائانائىمنىڭ دۇب دەرىخىنىڭ يېنىدا چېدىر تىككەنىدى).
12 ئەمدى سىسېراغا: ــ ئابىنوئامنىڭ ئوغلى باراق تابور تېغىغا
چىقىپتۇ، دېگەن خەۋەر يەتكۈزۈلدى. 13 شۇنى ئاڭلاپ سىسېرا بارلىق
جەڭ ھارۋىلىرىنى، يەنى توققۇز يۈز تۆمۈر جەڭ ھارۋىسىنى ۋە
بارلىق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، ھاروشەت-گويىمدىن چىقىپ، كىشون
ئېقىنىنىڭ يېنىدا توپلىدى.
14 دەبوراھ باراققا: ــ قوپقىن؛ بۈگۈن پەرۋەردىگار سىسېرانى سېنىڭ
قولۇڭغا تاپشۇرىدىغان كۈندۇر. مانا، پەرۋەردىگار ئالدىڭدا يول
باشلىغىلى چىقتى ئەمەسمۇ؟! ــ دېدى. شۇنى دېيىۋىدى، باراق ۋە ئون
مىڭ ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تابور تېغىدىن چۈشتى. 15 پەرۋەردىگار
سىسېرانى، ئۇنىڭ ھەممە جەڭ ھارۋىلىرى ۋە بارلىق قوشۇنىنى
قوشۇپ باراقنىڭ قىلىچى ئالدىدا تىرىپىرەن قىلدى؛ سىسېرا ئۆزى
جەڭ ھارۋىسىدىن چۈشۈپ، پىيادە قېچىپ كەتتى.
16 باراق جەڭ ھارۋىلىرىنى ۋە قوشۇننى ھاروشەت-گويىمگىچە قوغلاپ

---

**9:4 «... پەرۋەردىگار سىسېرانى بىر ئايال كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «پەرۋەردىگار سىسېرانى بىر ئايال كىشىنىڭ قولىغا سېتىپ بېرىدۇ».

**11:4 «... قېيىنئىنىسى ھوباب»** ــ ئىبرانىي تىلدا «قېيىنئىنى» دېگەن بۇ سۆز كىشىنىڭ ئايالىدىكى ھەرقانداق ئەر قېرىندىشىنى بىلدۈرەلەيدۇ.

**11:4** چۆل. 10:29؛ ھاك. 1:16

**15:4** زەب. 83:9-10

باردى؛ سىسېرانىڭ بارلىق قوشۇنى قىلىچ ئاستىدا يىقىلدى، بىرىمۇ
قالمىدى. [17]لېكىن سىسېرا پىيادە قېچىپ، كېنىيلەردىن بولغان
ھەبەرنىڭ ئايالى يائەلنىڭ چېدىرىغا باردى؛ چۈنكى ھازورنىڭ
پادىشاھى يابىن بىلەن كېنىيلەردىن بولغان ھەبەرنىڭ جەمەتى
ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئالاقىسى بار ئىدى.
[18]يائەل سىسېرانى قارشى ئېلىشقا چىقىپ ئۇنىڭغا: ــ ئەي خوجام،
كىرگىنە! قورقما، مېنىڭكىگە كىرگىن، دېدى.
شۇنىڭ بىلەن سىسېرا ئۇنىڭ چېدىرىغا كىردى، ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە
يوتقان يېپىپ قويدى.
[19]ئۇ ئۇنىڭغا: ــ مەن ئۇسساپ كەتتىم، ماڭا بىر ئوتلام سۇ بەرگىنە،
دېۋىدى، ئايال بىرىپ سۈت تۇلۇمىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈپ،
ئاندىن يەنە ئۇنى يېپىپ قويدى.
[20]ئاندىن سىسېرا ئۇنىڭغا: ــ سەن چېدىرنىڭ ئىشىكىدە ساقلاپ
تۇرغىن. بىركىم كېلىپ سەندىن: ــ بۇ يەردە بىرەرسى بارمۇ، دەپ
سورىسا، يوق دەپ جاۋاب بەرگىن، ــ دېدى.
[21]ئەمدى ھەبەرنىڭ ئايالى يائەل قوپۇپ، بىر چېدىر قوزۇقىنى ئېلىپ،
قولىدا بولقىنى تۇتقىنىچە شەپە چىقارماي ئۇنىڭ قېشىغا باردى؛
ئۇ ھېرىپ كەتكەچكە، قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى. يائەل ئۇنىڭ
چېكىسىگە قوزۇقنى شۇنداق قاقتىكى، قوزۇق چېكىسىدىن ئۆتۈپ
يەرگە كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلدى.
[22]شۇ چاغدا، باراق سىسېرانى قوغلاپ كەلدى، يائەل ئالدىغا چىقىپ
ئۇنىڭغا: ــ كەلگىن، سەن ئىزدەپ كەلگەن ئادەمنى ساڭا كۆرسىتەي،
ــ دېدى. ئۇ ئۇنىڭ چېدىرىغا كىرىپ قارىۋىدى، مانا سىسېرا ئۆلۈك
ياتاتتى، قوزۇق تېخىچە چېكىسىگە قېقىقلىق تۇراتتى.
[23]شۇنداق قىلىپ، خۇدا شۇ كۈنى قانائان پادىشاھى يابىننى
ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا تۆۋەن قىلدى. [24]شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ
ئىسرائىللار بارغانسېرى كۈچىيىپ، قانائان پادىشاھى يابىندىن

**19:4** ھاك. 25:5

ئۇستۇنلۇكنى ئېگىلىدى؛ ئاخىردا ئۇلار قانائان پادىشاھى يابىننى
يوقاتتى.

## نۇسرەت نەزمىسى

5 [1] شۇ كۈنى دەبوراھ ۋە ئابىنوئامنىڭ ئوغلى باراق مۇنداق نەزمە
ئوقۇدى: ــ

[2] ئىسرائىلدا يېتەكچىلەر يول باشلىغىنى ئۈچۈن،
خەلق ئىختىيارەن ئۆزلىرىنى پىدا قىلغىنى ئۈچۈن،
پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە ئوقۇڭلار!
[3] ئەي پادىشاھلار، ئاڭلاڭلار،
ئەي ئەمىرلەر، قۇلاق سېلىڭلار!
مەن، مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ نەزمە ئوقۇيمەن،
مەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا كۈي ئېيتىمەن.
[4] ئى پەرۋەردىگار، سەن سېئىردىن چىققىنىڭدا،
ئېدومنىڭ يايلىقىدىن چىقىپ يۈرۈش قىلغىنىڭدا،
يەر تىترەپ، ئاسمانلاردىن سۇلار تامچىدى،
شۇنداق، بۇلۇتلار يامغۇرلىرىنى ياغدۇردى؛
[5] تاغلار پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تەۋرەندى،
ئەنە سىناي تېغىمۇ تەۋرىنىپ كەتتى،
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا.
[6] ئاناتنىڭ ئوغلى شامگارنىڭ كۈنلىرىدە،
ھەم يائەلنىڭ كۈنلىرىدە،

---

**4:5** زەب. 7:68، 8، 9

5:5 «**... ئەنە سىناي تېغىمۇ تەۋرىنىپ كەتتى، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا**» ــ ياكى «يەنى سىناي تېغىدا ئايان بولغان خۇدانىڭ ئالدىدا،
ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا».

**5:5** مىس. 18:19؛ زەب. 15:68، 16، 17؛ 5:97

**چوڭ يوللار تاشلىنىپ قېلىپ،**
**يولۇچىلار ئەگرى-توقاي چىغىر يوللار بىلەن ماڭاتتى؛**
**7 ئىسرائىلدا ئەزىمەتلەر يوقاپ كەتتى،**
**تاكى مەنكى دەبوراھ قوزغىلىپ،**
**ئىسرائىلدا بىر ئانا سۈپىتىدە پەيدا بولغىنىمغىچە.**
**8 ئىسرائىللار يېڭى ئىلاھلارنى تاللىدى؛**
**ئۇرۇش دەرۋازىلىرىغا يېتىپ كەلدى.**
**قىرىق مىڭچە ئىسرائىللىقنىڭ ئارىسىدا،**
**يا بىر قالقان يا بىر نەيزە تېپىلىسچۇ؟!**
**9 قەلبىم ئىسرائىلنىڭ ئەمىرلىرىگە قايىلدۇر،**
**ئۇلار خەلق ئارىسىدا ئۆزلىرىنى ئىختىيارەن پىدا قىلدى؛**
**پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر-مەدھىيە ئوقۇڭلار!**
**10 ئى ئاق ئېشەكلەرگە مىنگەنلەر،**
**ئى نەپىس زىلچىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلار،**
**ئى يولدا يۈرگەنلەر، كۆڭۈل بۆلۈڭلار!**
**11 سۇ ئەكىلىدىغان جايلاردا ئۇلجا بۆلۈشۈۋاتقانلارنىڭ جۇشقۇن ئاۋازىلىرىنى ئاڭلاڭلار!**
**ئۇلار شۇ يەرلەردە پەرۋەردىگارنىڭ ھەققانىي ئەمەللىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ ئىسرائىلدىكى ئەزىمەتلىرىنىڭ ھەققانىي ئەمەللىرىنى تەرىپلىشىدۇ.**

---

7:5 «**ئىسرائىلدا ئەزىمەتلەر يوقاپ كەتتى**» ــ ياكى «ئىسرائىلدا كەنت-قىشلاقلار يوقاپ كەتتى».

8:5 «**ئۇرۇش دەرۋازىلىرىغا يېتىپ كەلدى**» ــ دېمەك، ئىسرائىل تىرىك خۇدانى تاشلاپ بۇتلارنى تاللىۋالغىنى ئۈچۈن خۇدانىڭ شۇ جازاسى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشتى.

10:5 «**نەپىس زىلچىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلار**» ــ ياكى «توقۇملارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلار». «**ئى ئاق ئېشەكلەرگە مىنگەنلەر، ئى نەپىس زىلچىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلار، ئى يولدا يۈرگەنلەر...**» ــ بۇ ئايەتتە يۈرىتىلغان مەنە بەلكىم «ئى، ئىسرائىلدا ھازىر راھەت كۈنلەرنى كۆرگۈچىلەر، سىلەر ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەۋەككۈل قىلغانلارنى ئەسلەڭلار!» دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن.

**شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى چۈشۈپ دەرۋازىلارغا يېتىپ كېلىپ: ــ**

**[12] «ئى دەبوراھ، ئويغان، ئويغان!**

**ئويغان، ئويغان، غەزەل ئېيتقىن!**

**ئورنۇڭدىن تۇر، ئى باراق،**

**ئەسىرلىرىڭنى يالاپ ماڭ، ئى ئابىنوئامنىڭ ئوغلى!» ــ دېيىشىدۇ.**

**[13] مانا خەلقنىڭ ئاز بىر قالدىسى ئالىيجانابلارغا ئەگىشىش ئۈچۈن چۈشتى،**

**پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى يېنىمغا پالۋان كەبى چۈشۈپ كەلدى.**

**[14] مانا، ئەفرائىملاردىن ئامالەكتە يىلتىز تارتىپ قالغانلار كەلدى؛**

**مانا، بىنيامىنلارمۇ قوۋملىرىڭغا قوشۇلۇپ ئەگىشىپ كەلدى؛**

**ماكىردىن ئەمىرلەر چۈشۈپ كەلدى،**

**زەبۇلۇندىن سەردارلىق ھاسىسىنى تۇتقانلار يېتىپ كەلدى.**

**[15] ئىسساكارنىڭ ئەمىرلىرى دەبوراھغا قوشۇلدى؛**

**باراق نېمە قىلغان بولسا ئىسساكارمۇ شۇنداق قىلىپ،**

---

11:5 **«سۇ ئەكىلىدىغان جايلاردا ئۇلجا بۆلۈشۈۋاتقانلار...»** ــ دېمەك، نۇسرەت قازانغانلىقتىن ھەتتا سۇ ئەكەلگىلى چىققانلارمۇ ئولجىدىن ئۆزئارا بۆلۈشىدۇ.

—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئوقياچىلارنىڭ غوۋغاسىدىن قۇتۇلغانلار سۇ ئالىدىغان جايلاردا تۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھەققانىي ئەمەللىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ ئىسرائىلدىكى ئەزىمەتلىرىنىڭ ھەققانىي ئەمەللىرىنى تەرىپلىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا...».

12:5 **«ئى دەبوراھ، ئويغان، ئويغان! ... ئورنۇڭدىن تۇر، ئى باراق!...»** ــ 12-ئايەتتىكى نەزمە خەلق قېچىپ چىقىۋالغان تاغلىقتىن ئامان-ئېسەن چۈشۈپ، ئۆز شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا كەلگەندە خۇشاللىقىدىن دەبوراھ ۋە باراققا ئېيتقان سۆيۈنۈش سۆزلىرى بولسا كېرەك.

13:5 **«مانا خەلقنىڭ ئاز بىر قالدىسى ئالىيجانابلارغا ئەگىشىش ئۈچۈن چۈشتى»** ــ دېمەك، خۇداغا سادىق بولغان «خەلق قالدىسى» ئاز بولسىمۇ، باراق ۋە باشقا جاسارەتلىك ئەزىمەتلەرگە ئەگەشكەن. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خەلقنىڭ ئاز بىر قالدىسى كۈچلۈكلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى». **«پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى يېنىمغا پالۋان كەبى چۈشۈپ كەلدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى زالىملارغا قارشى چىقىشقا مېنىڭ يېنىمغا چۈشتى». بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

14:5 **«مانا، ئەفرائىملاردىن ئامالەكتە يىلتىز تارتىپ قالغانلار كەلدى»** ــ ئەفرائىم قەبىلىسى ئەسلىدە ئامالەكلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەن ۋە ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەنىدى. **«ماكىردىن...»** ــ «ماكىر» مۇشۇ يەردە ماناسسەھ قەبىلىسگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن جىلغىغا تاپ باستۇرۇپ ئېتىلىپ چۈشتى!
رۇبەنىنىڭ ئائىلە-جەمەتلىرىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا شۇنچە ئۇلۇغ
نىيەتلەر قەلبلىرىگە پۈكۈلگەنىدى!
16 سەن نېمىشقا قوتانلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ،
قويلارغا چېلىنغان نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى خالاپ قالدىڭ؟
رۇبەنىنىڭ ئائىلە-جەمەتلىرىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا شۇنچە ئۇلۇغ
نىيەتلەر قەلبلىرىگە پۈكۈلگەنىدى!
17 گىلېئادلار بولسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ قالدى؛
دانلارمۇ نېمىشقا كېمىلەرنىڭ يېنىدا توختاپ قالدى؟
ئاشىرلار بولسا دېڭىز بويىدا جىم ئولتۇرۇۋالدى،
دېڭىز قولتۇقلىرىدا تۇرۇپ قالدى.
18 زەبۇلۇنلار جانلىرىنى ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلدى؛
نافتالىلارمۇ جەڭ مەيدانىدىكى يۇقىرى جايلاردا ھەم شۇنداق قىلدى!

19 پادىشاھلار ھەممىسى كېلىپ، سوقۇشتى،
قانائانىيلارنىڭ پادىشاھلىرىمۇ ئۇرۇشقا چىقتى؛
تائاناقتا، مېگىددونىڭ سۇ بويلىرىدا ئۇرۇشتى.
لېكىن بىرئازمۇ كۈمۈش ئولجا ئالالمىدى!
20 ئاسمانلاردا يۇلتۇزلارمۇ جەڭ قىلدى،
ئوربىتىلىرىدىن سىسېراغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى.
21 كىشون دەرياسىنىڭ ئېقىنى دۈشمەننى ئېقىتىپ كەتتى؛
شۇ قەدىمىي دەريا، ئۇ كىشون دەرياسىدۇر!
ئەي مېنىڭ جېنىم، پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن ئالغا باسقىن!

15:5 **«رۇبەنىنىڭ ئائىلە-جەمەتلىرىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا»** — ياكى «رۇبەنىنىڭ ئېقىنلىرىنىڭ بويىدا». **«رۇبەنىنىڭ ئائىلە-جەمەتلىرىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا شۇنچە ئۇلۇغ نىيەتلەر قەلبلىرىگە پۈكۈلگەنىدى!»** — بۇ ناھايىتى ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ. رۇبەنلەردە شۇنچە يۈكسەك نىيەت بولغىنى بىلەن ھېچنېمە قىلمىدى (16-ئايەتنى كۆرۈڭ).

21:5 **«كىشون دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئۇلارنى ئېقىتىپ كەتتى»** — مۇشۇ سۆزلەر يۇقىرىقى «ئاسمانلاردىكى يۇلتۇزلار جەڭ قىلدى» دېگەن سۆزلەرنى يورۇتىدۇ. يازدا كىشون دەرياسى

22 ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى تاكىراڭ-تاكىراڭ قىلماقتا،
تۇلپارلىرى چاپماقتا، چاپماقتا.
23 مەروزغا لەنەت ئوقۇڭلار، دەيدۇ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى،
ئۇ يەردە ئولتۇرغۇچىلارغا لەنەت ئوقۇڭلار،
قاتتىق لەنەت ئوقۇڭلار؛
چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا ياردەمگە كەلمىدى،
زالىملارغا قارشى پەرۋەردىگارغا ياردەمگە كەلمىدى.
24 ئاياللار ئىچىدە كەنىيلىك ھەبەرنىڭ ئايالى يائەل بەخت-بەرىكەتلەنسۇن،
چېدىردا تۇرغان ئاياللار ئىچىدە ئۇ بەخت-بەرىكەت تاپسۇن!
25 سىسېرا سۇ سورىۋىدى، ئۇ ئۇنىڭغا سۈت بەردى،
ئېسىلزادىلەرگە لايىق بىر قاچىدا قايماق تۇتتى؛
26 ئۇ سول قولىنى چېدىر قوزۇقىغا،
ئوڭ قولىنى تۆمۈرچىنىڭ بولقىسىغا ئۇزاتتى؛
سىسېرانى ئۇرۇپ،
باش سۆڭىكىنى چېقىپ،
چېكىسىدىن يانجىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.
27 سىسېرا ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا قىيسايدى،
ئۇ يىقىلدى، ئۇ ئۆلۈكتەك ياتتى،
ئۇ ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا قىيسايدى، ئۇ يىقىلدى،
قىيسايغان يەردە ئۇ يىقىلىپ، جان بەردى.

---

ئېقىنىدا سۇ يوق دېيەرلىك بولىدۇ؛ قىشتا كۆچلۈك ئاقىدۇ. شۇڭا، شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ھاۋا رايى ئۆزگىرىپ، كۆپ يامغۇر ياغقاچقا، كىشون دەرياسى تېشىپ، سىسېرانىڭ جەڭ ھارۋىلىرىنى ئېقىتىپ كەتتى ياكى ئۇلارنى پاتقاققا پاتۇرۇپ قويىدى (4-ئايەتتە شۇ قاتتىق يامغۇر تىلغا ئېلىنىدۇ).

23:5 **«زالىملارغا قارشى پەرۋەردىگارغا ياردەمگە كەلمىدى»** — ياكى «باتۇرلىرىنى ئېلىپ، پەرۋەردىگارغا ياردەمگە كەلمىدى».

26:5 **« يائەل سول قولىنى چېدىر قوزۇقىغا، ... چېكىسىدىن يانجىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى»** — بۇ ئايەتلەرگە قارىغاندا يائەل سىسېرانىڭ بېشىغا قاققان قوزۇقنى بولقا بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇرغان.

28 سىسېرانىڭ ئانىسى پەنجىرىدىن سىرتقا سەپ سالدى،
ئۇ پەنجىرىنىڭ روجىكىدىن تووۋلاپ: ــ
«ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىسى نېمىشقا شۇنچە ئۇزاققىچە كەلمەيدۇ؟
جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ساداسى نېمىشقا شۇنچە ھايال بولىدۇ؟ ــ دېدى.
29 ئۇنىڭ دېدەكلىرى ئارىسىدا دانالار جاۋاب بېرىدۇ،
شۇنداقلا، ئۇ دەرۋەقە ئۆز-ئۆزىگە جاۋاب بېرىدۇ: ــ
30 «ئۇلار ئولجىلىرىنى يىغىپ بۆلۈشۈۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟!
ھەربىر ئەركەككە ئاياغ ئاستى قىلىشقا بىر-ئىككىدىن قىز تەگكەندۇ،
سىسېراغا رەڭدار كىيىملەر،
گۈل كەشتىلەنگەن رەڭدار كىيىملەردىن ئولجا تەگكەندۇ،
بوۇلاڭچىنىڭ بويىنىغا ئالدى-كەينى كەشتىلەنگەن رەڭدار كىيىملەر تەگكەن بولسا كېرەك!
31 ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىڭ ئەنە شۇنداق يوقىتىلغاي!
لېكىن سېنى سۆيگەنلەر قۇياشنىڭ ئۆرلەۋاتقاندىكى قۇدرىتىدەك كۈچلۈك بولغاي!».
شۇنىڭ بىلەن زېمىن قىرىق يىلغىچە تىنچ-ئامانلىق تاپتى.

## ئىسرائىلنىڭ گۇناھ قىلىشى، جازالىنىشى؛ خۇدانىڭ گىدېئوننى ھاكىملىققا چاقىرىشى

6 1 ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇلارنى يەتتە يىلغىچە مىدىيانىيلارنىڭ

30:5 «بوۇلاڭچىنىڭ بويىنىغا ئالدى-كەينى كەشتىلەنگەن رەڭدار كىيىملەر تەگكەن بولسا كېرەك!» ــ ياكى «مېنىڭ بويىنۇمغا ئىككى ئالدى-كەينى كەشتىلەنگەن كىيىملەر ئولجا قىلىپ تەگكەن بولسا كېرەك!».

قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى. 2 ئۇ ۋاقىتتا مىدىيانىيلار ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئىسرائىل مىدىيانىيلارنىڭ سەۋەبىدىن
ئۆزلىرى ئۈچۈن تاغلاردىن، ئۆڭكۈرلەردىن ۋە قورام تاشلاردىن پاناھ
جايلارنى ياسىدى.
3 ھەر قېتىم ئىسرائىللار ئۇرۇق تېرىغاندا شۇنداق بولاتتىكى،
مىدىيانىيلار، ئامالەكىيلەر ۋە مەشرىقتىكىلەر كېلىپ ئۇلارغا ھۇجۇم
قىلاتتى. 4 ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بارگاھلارنى تىكىپ، زېمىندىكى
ھوسۇلنى ۋەيران قىلىپ، گازاغىچە ئىسرائىلغا ھېچقانداق ئاشلىق
قالدۇرماي، ئۇلارنىڭ قوي، كالا، ئېشەكلىرىنىمۇ ئېلىپ كېتەتتى. 5 چۈنكى
ئۇلار چېكەتكىلەردەك كۆپ بولۇپ، ئۆز مال-چارۋىلىرى ۋە چېدىرلىرىنى
ئېلىپ كېلەتتى؛ ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ۋە تۆگىلىرى سان-ساناقسىز
بولۇپ، زېمىننى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن تاجاۋۇز قىلاتتى. 6 شۇنىڭ بىلەن
ئىسرائىل مىدىيانىيلارنىڭ ئالدىدا تولىمۇ خار ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؛
ئاندىن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا نالە-پەرياد كۆتۈردى.
7 مىدىيانىيلارنىڭ دەستىدىن ئىسرائىل پەرۋەردىگارغا پەرياد
كۆتۈرگىنىدە شۇنداق بولدىكى، 8 پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا بىر
پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. ئۇ كېلىپ ئۇلارغا: ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنى مىسىردىن چىقىرىپ،
«قۇللۇق ماكانى»دىن ئېلىپ چىققانىدىم؛ 9 سىلەرنى مىسىرلىقلارنىڭ
قولىدىن، شۇنداقلا سىلەرگە بارلىق زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ئالدىڭلاردىن قوغلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى
سىلەرگە بەردىم 10 ۋە سىلەرگە: «مانا، مەن پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ
خۇدايىڭلاردۇرمەن؛ سىلەر ئاموريلارنىڭ زېمىنىدا تۇرغىنىڭلار بىلەن
ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىدىن قورقماڭلار» دېگەنىدىم. لېكىن سىلەر مېنىڭ
ئاۋازىمغا قۇلاق سالمىدىڭلار»، ــ دېدى.

---

**2:6 «قورام تاشلاردىن پاناھ جايلارنى ياسىدى»** ــ ياكى «قورغانلاردىن پاناھ جايلارنى ياسىدى». ئىبرانىي تىلدا «ئىستىھكاملىق جايلاردىن پاناھ جايلارنى ياسىدى».

**10:6** 2پاد. 17:35، 38

**11 ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى كېلىپ ئوفراھ دېگەن جايدا
ئابىئېزەر جەمەتىدىكى يوئاشقا تەۋە بولغان دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىدە
ئولتۇردى. ئۇ ۋاقىتتا يوئاشنىڭ ئوغلى گىدېئون مىدىيانىيلارنىڭ
بۇلاڭچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شاراب كۆلچىكى ئىچىدە بۇغداي
تېپىۋاتاتتى.
12 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ: ــ ئەي جاسارەتلىك
پالۋان، پەرۋەردىگار سەن بىلەن بىللىدۇر! ــ دېدى.
13 گىدېئون ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئى خوجام، ئەگەر پەرۋەردىگار بىز
بىلەن بىللە بولغان بولسا، بۇ كۆرگۈلۈكلەر نېمىشقا ئۈستىمىزگە
كەلدى؟ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ئۇنىڭ بارلىق
مۆجىزىلىرى قېنى؟ بۇلار توغرىسىدا ئاتا-بوۋىلىرىمىز: «مانا،
پەرۋەردىگار بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ كەلمىگەنمىدى؟» ــ دېدى.
لېكىن بۈگۈنكى كۈندە پەرۋەردىگار بىزنى تاشلاپ، مىدىيانىنىڭ
قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى! ــ دېدى.
14 پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا قاراپ: ــ سەن مۇشۇ كۈچۈڭگە تايىنىپ، بېرىپ
ئىسرائىلنى مىدىيانىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغىن! مانا، مەن سېنى
ئەۋەتكەن ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى.
15 گىدېئون ئۇنىڭغا: ــ ئى رەب، مەن ئىسرائىلنى قانداق قۇتقۇزالايمەن؟
مېنىڭ ئائىلەم بولسا ماناسسەھ قەبىلىسى ئىچىدە ئەڭ نامرىتى،
ئۆزۈم ئاتامنىڭ جەمەتىدە ئەڭ كىچىكىدۇرمەن، ــ دېدى.
16 پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ مەن جەزمەن سەن بىلەن بىللە بولىمەن؛
شۇڭا سەن مىدىيانلارنى بىر ئادەمنى ئۇرغاندەك ئۇرۇپ قىرىسەن، ــ
دېدى.
17 گىدېئون ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ: ــ مەن نەزىرىڭدە ئىلتىپات
تاپقان بولسام، مەن بىلەن سۆزلەشكۈچىنىڭ ھەقىقەتەن سەن ئۆزۈڭ**

---

11:6 **«... شاراب كۆلچىكى ئىچىدە بۇغداي تېپىۋاتاتتى»** ــ شاراب كۆلچىكىدە بۇغداي تېپىش تولىمۇ قولايسىز، ئەلۋەتتە؛ بۇ گىدېئوننىڭ مىدىيانىيلاردىن قورققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**14:6** 1سام. 11:12؛ ئىبر. 32:11

ئىكەنلىكىگە بىر ئالامەت كۆرسەتكەيسەن؛ [18] ئۆتۈنىمەن، مەن يېنىپ كېلىپ ئۆز ھەدىيە-قۇربانلىقىمنى ئالدىڭغا قويغۇچە بۇ يەردىن كەتمىگەيسەن، ــ دېدى.
ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ سەن يېنىپ كەلگۈچە كۈتىمەن، دېدى.
[19] گىدېئون بېرىپ ئۆيگە كىرىپ بىر ئوغلاقنى تەييارلاپ، بىر ئەفاھ ئېسىل ئۇندىن پېتىر نان پىشۇرۇپ، گۆشنى سېۋەتكە سېلىپ، شورپىسىنى كورىغا ئۇسۇپ بۇلارنى ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا سۇندى (ئۇ تېخىچە دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى).
[20] ئاندىن خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: ــ بۇ گۆش بىلەن پېتىر نانلارنى ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ يەردىكى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، شورپىنى تۆككىن، ــ دېۋىدى، ئۇ شۇنداق قىلدى. [21] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى قولىدىكى ھاسىنى ئۇزىتىپ ئۇچىنى گۆش بىلەن پېتىر نانلارغا تەككۈزىۋىدى، قورام تاشتىن ئوت چىقىپ، گۆش بىلەن پېتىر نانلارنى يەپ كەتتى. شۇ ھامان پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.
[22] شۇنىڭ بىلەن گىدېئون ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ: ــ ئاپلا، ئى رەب پەرۋەردىگار! چاتاق بولدى، چۈنكى مەن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرۈشۈپ قالدىم...! ــ دېدى.
[23] لېكىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ خاتىرجەم بولغىن! قورقمىغىن، ئۆلمەيسەن، ــ دېدى.
[24] شۇنىڭ بىلەن گىدېئون پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئۇ يەردە بىر قۇربانگاھ ياساپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «ياھۋەھ-شالوم» دەپ ئاتىدى. بۇ قۇربانگاھ تا بۈگۈنگىچە ئابىئېزەر جەمەتىنىڭ ئوفراھ دېگەن جايىدا بار.

**6:19 «بىر ئەفاھ»** ــ 22 لىتر. ئاشلىق ئاز بولغان كۈنلەردە نامرات بىر ئائىلە ئۈچۈن بۇ ناھايىتى چوڭ بىر ھەدىيە-قۇربانلىق بولاتتى.
**6:23 «خاتىرجەم بولغىن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شالوم ئېلەيكۇم!» (سالامۇئەلەيكۇم). ئىبرانىي تىلىدا مەنىسى ئادەتتە «ساڭا ئامان-سالامەتلىك بولغاي!».
**6:24 «ياھۋەھ-شالوم»** ــ بۇنىڭ مەنىسى: «پەرۋەردىگار خاتىرجەملىكتۇر».

[25] ئۇ كېچىسى پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ سەن ئاتاڭنىڭ چوڭ بۇقىسى ۋە
يەتتە ياشلىق ئىككىنچى بۇقىسىنى ئېلىپ ئاتاڭغا تەۋە بولغان بائال
قۇربانگاھىنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاشەراھ بۇتىنى كېسىۋەتكىن.
[26] ئاندىن مۇشۇ قورغاننىڭ ئۈستىگە پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئاتالغان،
بەلگىلەنگەن رەسىم بويىچە بىر قۇربانگاھ ياساپ، ئىككىنچى بىر
بۇقىنى ئېلىپ، ئۆزۈڭ كېسىۋەتكەن ئاشەراھنىڭ پارچىلىرىنى ئوتۇن
قىلىپ قالاپ، ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلغىن، ــ دېدى.
[27] شۇنىڭ بىلەن گىدېئون ئۆز خىزمەتچىلىرىدىن ئون ئادەمنى ئېلىپ
بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىگە ئېيتقىنىدەك قىلدى؛ لېكىن ئۇ
ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ۋە شەھەر ئادەملىرىدىن قورققىنى
ئۈچۈن، ئۇ بۇ ئىشنى كۈندۈزى قىلماي، كېچىسى قىلدى. [28] ئەتىسى
سەھەردە شەھەر خەلقى قوپۇپ قارىسا، مانا، بائال قۇربانگاھى
ئۆرۈۋېتىلگەن، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاشىراھ بۇتى كېسىۋېتىلگەنىدى
ۋە يېڭى ياسالغان قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە ئىككىنچى بۇقا قۇربانلىق
قىلىنغانىدى. [29] بۇنى كۆرۈپ ئۇلار بىر-بىرىگە: ــ بۇ ئىشنى كىم
قىلغاندۇ؟ ــ دېيىشتى. ئۇلار سۈرۈشتۈرۈپ، بۇنى يوئاشنىڭ ئوغلى

---

25:6 **«سەن ئاتاڭنىڭ بۇقىسى ۋە يەتتە ياشلىق ئىككىنچى بۇقىسىنى ئېلىپ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن ئاتاڭنىڭ ياش بۇقىسىنى، يەنى ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئىككىنچى بۇقىسىنى ئېلىپ،...». **«بائال قۇربانگاھىنى ئۆرۈپ...»** ــ بائالغا ئاتالغان قۇربانگاھ بەك چوڭ بولسا كېرەك. ئىككى بۇقا بەلكىم قۇربانگاھنى تارتىپ ئۆرۈش ئۈچۈن كېرەك بولۇشى مۇمكىن. **«...ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاشەراھ بۇتىنى كېسىۋەتكىن»** ــ ««ئاشەراھ»لار توغرۇلۇق 13:2 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

26:6 **«مۇشۇ قورغاننىڭ ئۈستىگە...»** ــ ياكى «قورام تېشىنىڭ ئۈستىگە...» **«بەلگىلەنگەن رەسىم بويىچە»** ــ «قان.» 6:25-7نى كۆرۈڭ. **«ئۆزۈڭ كېسىۋەتكەن ئاشەراھنىڭ پارچىلىرىنى ئوتۇن قىلىپ قالاپ، ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلغىن»** ــ 5:2 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ياكى پەرۋەردىگار ئۆزى مۆمىن بەندىلىرىگە كۆرۈنگەن يەرلەردە، ئۇ قۇربانگاھلار ۋە قۇربانلىقلار توغرىسىدىكى بېكىتكەن بەلگىلىمىلەر بەزىدە باشقىچە بولۇشى مۇمكىن. گەرچە شۇ يەر پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن رەسمىي بېكىتكەن جاي بولمىسىمۇ، شۇنداقلا گىدېئون ئۆزى كاھىن بولمىسىمۇ، خۇدا بەربىر ئۆزى بېكىتكەن بەلگىلىملىرىگە ئۆزى ئىگىدۇر؛ ئۇنىڭ گىدېئونغا قىلغان بۇ ئەمرلىرى ئۆزىنىڭ شۇنداق پەۋقۇلئاددە جىددىي ئەھۋاللاردا ئۆز بەلگىلىملىرىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

گىدېئوننىڭ قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. [30] شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئادەملىرى يوئاشقا: — ئوغلۇڭنى چىقىرىپ بەرگىن! ئۇ بائال قۇربانگاھىنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاشىراھنى كېسۋەتكىنى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسۇن! — دېدى.
[31] بىراق يوئاش ئۆزىگە قارشىلىشىشقا تۇرغان كۆپچىلىككە جاۋاب بېرىپ: — سىلەر بائال ئۈچۈن دەۋالاشماقچىمۇسىلەر؟ سىلەر ئۇنى قۇتقۇزماقچىمۇ؟ كىمكى ئۇنىڭ توغرىسىدا دەۋالاشسا ئەتىگە قالماي ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن! ئەگەر بائال دەرۋەقە بىر خۇدا بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قۇربانگاھىنى بىرسى ئۆرۈۋەتكىنى ئۈچۈن، ئۇ شۇ ئادەم بىلەن ئۆزى دەۋالاشسۇن! — دېدى.
[32] بۇ سەۋەبتىن ئاتىسى گىدېئوننى «يەرۇببائال» دەپ ئاتىدى، چۈنكى ئاتىسى: «ئۇ بائالنىڭ قۇربانگاھىنى ئۆرۈۋەتكىنى ئۈچۈن، بائال ئۆزى ئۇنىڭ بىلەن دەۋالاشسۇن!» دېگەنىدى.
[33] ئەمما مىدىيان، ئامالەكلەر ۋە مەشرىقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ يىزرەئەل جىلغىسىدا چېدىرلىرىنى تىكىشتى. [34] ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ روھى گىدېئوننىڭ ئۈستىگە چۈشتى؛ ئۇ كاناي چېلىۋىدى، ئابىئېزەر جەمەتىدىكىلەر يىغىلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.
[35] ئاندىن ئۇ ئەلچىلەرنى ماناسسەھنىڭ زېمىنىغا بېرىپ، ئۇ يەرنى ئايلىنىپ كېلىشكە ئەۋەتىۋىدى، ماناسسەھلەر يىغىلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلدى. ئۇ ئاشىرلارغا، زەبۇلۇنلارغا ۋە نافتالىلارغا ئەلچى ئەۋەتىۋىدى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشتى.

---

31:6 **«سىلەر بائال ئۈچۈن دەۋالاشماقچىمۇسىلەر؟»** — ياكى «سىلەر بائال ئۈچۈن جەڭ قىلماقچىمۇسىلەر؟». **«...ئەتىگە قالماي ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن!»** — ياكى «...مۇشۇ ئەتىگەندىلا قالماي ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن!».

32:6 **«بۇ سەۋەبتىن ئاتىسى...»** — ئىبرانىي تىلدا «بۇ سەۋەبتىن ئۇ...» ياكى «بۇ سەۋەبتىن ئۇلار...». **«يەرۇببائال»** — بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى: «بائالنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلسۇن!» (ياكى «دەۋالاشسۇن!»).

## گىدېئوننىڭ خۇدادىن ئىككى قېتىم ئالامەت سورىشى

[36] گىدېئون خۇداغا: ــ ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئېيتقىنىڭدەك مېنىڭ قولۇم بىلەن ئىسرائىلنى قۇتقۇزىدىغان بولساڭ، [37] ئۇنداقتا مانا، مەن خامانغا بىر پارچە قوي تېرىسى قويۇپ قويىمەن؛ ئەگەر پەقەت تېرىنىڭ ئۈستىگىلا شەبنەم چۈشۈپ، چۆرىسىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق تۇرسا، مەن ئۆزۈڭ ئېيتقىنىڭدەك مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق ئىسرائىلنى قۇتقۇزماقچى بولغىنىڭنى بىلىمەن، ــ دېدى.
[38] ئىش دەرۋەقە شۇنداق بولدى. ئەتىسى سەھەردە گىدېئون قوپۇپ، يۇڭنى سىقىۋىدى، لىق بىر پىيالە شەبنەم سۈيى چىقتى.
[39] ئاندىن گىدېئون خۇداغا يەنە: غەزىپىڭنى ماڭا قوزغىمىغايسەن، مەن پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا دەيمەن! سەندىن ئۆتۈنەي، مەن پەقەت يەنە بۇ قېتىم بۇ تېرە بىلەن سىناپ باقاي؛ ئىلتىجا قىلىمەنكى، ئەمدى بۇ قېتىم پەقەت تېرە قۇرۇق بولۇپ، چۆرىسىدىكى يەرنىڭ ھەممىسىگە شەبنەم چۈشكەي، ــ دېدى.
[40] بۇ كېچىسىمۇ خۇدا شۇنداق قىلدى؛ دەرۋەقە پەقەت تېرىلا قۇرۇق بولۇپ، چۆرىسىدىكى يەرنىڭ ھەممىسىگە شەبنەم چۈشكەنىدى.

## خۇدانىڭ گىدېئوننى ئىككى قېتىم سىنىشى ۋە خاتىرجەم قىلىشى

7 [1] يەرۇببائال (يەنى گىدېئون) ۋە ئۆزىگە قوشۇلغان ھەممە خەلق ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، ھارود دېگەن بۇلاقنىڭ يېنىغا بېرىپ چېدىر تىكتى. مىدىيانىيلارنىڭ لەشكەرگاھى بولسا ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدە، مورەھ ئېگىزلىكىنىڭ يېنىدىكى جىلغىدا ئىدى. [2] ئەمدى پەرۋەردىگار گىدېئونغا: ــ ساڭا ئەگەشكەن خەلقنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ، شۇڭا مەن مىدىيانىيلارنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرمايمەن. بولمىسا ئىسرائىل: «ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ قولى قۇتقۇزدى» دەپ ماختىنىپ كېتىشى مۇمكىن. [3] شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئەمدى خەلققە:

39:6 يار. 32:18

«كىملەر قورقۇپ تىترەك باسقان بولسا، ئۇلار گىلېئاد تېغىدىن يېنىپ كەتسۇن» دەپ جاكارلىغىن ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئارىسىدىن يىگىرمە ئىككى مىڭ كىشى قايتىپ كېتىپ، پەقەت ئون مىڭىلا قېلىپ قالدى.
[4]پەرۋەردىگار گىدېئونغا يەنە: ــ خەلقنىڭ سانى يەنىلا ئىنتايىن كۆپ؛ ئەمدى سەن بۇلارنى سۇنىڭ لېۋىگە ئېلىپ كەلگىن. ئۇ يەردە مەن ئۇلارنى سەن ئۈچۈن سىناقتىن ئۆتكۈزەي؛ مەن كىمنى كۆرسىتىپ: «ئۇ سەن بىلەن بارسۇن دېسەم»، ئۇ سەن بىلەن بارسۇن؛ لېكىن مەن كىمنى كۆرسىتىپ: «ئۇ سەن بىلەن بارمىسۇن» دېسەم، ئۇ سەن بىلەن بارمىسۇن، ــ دېدى.
[5]شۇنىڭ بىلەن گىدېئون خەلقنى سۇنىڭ لېۋىگە ئېلىپ كەلدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ كىمكى ئىت سۇ ئىچكەندەك تىلى بىلەن يالاپ سۇ ئىچسە، ئۇلارنى ئايرىم بىر تەرەپتە تۇرغۇزغىن؛ ھەم كىمكى تىزلىنىپ تۇرۇپ سۇ ئىچسە، ئۇلارنىمۇ ئايرىم بىر تەرەپتە تۇرغۇزغىن، ــ دېدى.
[6]شۇنداق بولدىكى، ئوچۇمىنى ئاغزىغا تەگكۈزۈپ يالاپ سۇ ئىچكەنلەردىن ئۈچ يۈزى چىقتى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى تىزلىنىپ تۇرۇپ سۇ ئىچتى. [7]ئاندىن پەرۋەردىگار گىدېئونغا: ــ مەن مۇشۇ سۇنى يالاپ ئىچكەن ئۈچ يۈز ئادەمنىڭ قولى بىلەن سىلەرنى قۇتقۇزۇپ، مىديانىنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن؛ لېكىن قالغان خەلق بولسا ھەممىسى ئۆز جايىغا يېنىپ كەتسۇن، ــ دېدى.
[8]شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ يۈز ئادەم ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كانايلىرىنى قولىغا ئېلىشتى؛ گىدېئون ئىسرائىلنىڭ قالغان بارلىق ئادەملىرىنى ئۆز چېدىرىغا قايتۇرۇۋېتىپ، پەقەت شۇ ئۈچ يۈز ئادەمنى ئېلىپ

**3:7** قان. 8:20

7:7 **«مەن مۇشۇ سۇنى يالاپ ئىچكەن ئۈچ يۈز ئادەمنىڭ قولى بىلەن سىلەرنى قۇتقۇزۇپ، مىديانىنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن...»** ــ بۇ سىناشنىڭ ئەھمىيىتى بەلكىم كىمنىڭ جەڭ تەرەپكە ئويغاق تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. سۇ ئىچكەندە تىزلىنىپ يۈزىنى سۇغا تىقىپ ئىچكەنلەر خەتەرگە ئانچە سەگەك بولمىسا كېرەك. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق باشقا خىل چۈشەنچىلەرمۇ بار.

قالدى. ئەمدى مىدىيانىيلارنىڭ لەشكەرگاھى بولسا ئۇلارنىڭ تۆۋەن
تەرىپىدىكى جىلغىدا ئىدى.
[9] شۇ كېچىسى شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ سەن
قوپۇپ لەشكەرگاھقا چۈشكىن، چۈنكى مەن ئۇنى سېنىڭ قولۇڭغا
تاپشۇردۇم؛ [10] ئەگەر سەن چۈشۈشتىن قورقساڭ، ئۆز خىزمەتكارىڭ
پۇراھنى بىللە ئېلىپ لەشكەرگاھقا چۈشكىن. [11] سەن ئۇلارنىڭ نېمە
دېيىشىۋاتقىنىنى ئاڭلايسەن، ئاندىن سەن لەشكەرگاھقا ھۇجۇم
قىلىپ چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالايسەن، دېدى.
بۇنى ئاڭلاپ ئۇ خىزمەتكارى پۇراھنى ئېلىپ لەشكەرگاھنىڭ
چېتىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ يېنىغا باردى. [12] مانا مىدىيان، ئامالەك
ۋە بارلىق مەشرىقتىكىلەر چېكەتكىلەردەك كۆپ بولۇپ، جىلغىنىڭ
بويىغا يېيىلغانىدى؛ ئۇلارنىڭ تۆگىلىرى كۆپلىكىدىن دېڭىز
ساھىلىدىكى قۇمدەك ھەددى-ھېسابسىز ئىدى.
[13] گىدېئون بارغاندا، مانا، ئۇ يەردە بىرسى ھەمراھىغا كۆرگەن چۈشىنى
سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى: ــ مانا، مەن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە مانا،
بىر ئارپا توقىچى مىدىيانىنىڭ لەشكەرگاھىغا دومىلاپ چۈشۈپتۇدەك؛
ئۇ چېدىرغا كېلىپ سوقۇلۇپتىدەك، شۇنىڭ بىلەن چېدىر ئۆرۈلۈپ،
دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ ــ دەۋاتاتتى.
[14] ئۇنىڭ ھەمراھى جاۋابەن تەبىر بېرىپ: ــ بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇ
توقاچ يوئاشنىڭ ئوغلى، ئىسرائىللىق ئادەم گىدېئوننىڭ قىلىچىدىن
باشقا نەرسە ئەمەستۇر؛ خۇدا مىدىيان ۋە ئۇنىڭ بارلىق قوشۇنىنى
ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ، دېدى.
[15] شۇنداق بولدىكى، گىدېئون بۇ چۈشنى ۋە ئۇنىڭ بېرىلگەن تەبىرىنى
ئاڭلاپ، سەجدە قىلدى. ئاندىن ئۇ ئىسرائىلنىڭ لەشكەرگاھىغا
يېنىپ كېلىپ: ــ قوپۇڭلار، پەرۋەردىگار مىدىيانىنىڭ لەشكەرگاھىنى
قولۇڭلارغا تاپشۇردى، ــ دېدى.

---

**11:7** **«جۈرئەت قىلالايسەن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «قولۇڭ كۈچلەندۈرۈلىدۇ».

**12:7** ھاك. 3:6، 5، 33

## گىدېئوننىڭ غەلىبە قىلىشى

[16] شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئۈچ يۈز ئادەمنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ھەممىسىنىڭ قولىغا بىردىن كاناي بىلەن بىردىن قۇرۇق كومزەكنى بەردى؛ ھەربىر كومزەك ئىچىدە بىردىن مەشئەل قويۇلدى.
[17] ئۇ ئۇلارغا: ــ سىلەر ماڭا قاراپ، مېنىڭ قىلغىنىمدەك قىلىڭلار. مانا، مەن لەشكەرگاھنىڭ قېشىغا بارغاندا، نېمە قىلسام، سىلەرمۇ شۇنى قىلىڭلار؛ [18] مەن ۋە مەن بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭغان بارلىق ئادەملەر كاناي چالساق، سىلەرمۇ لەشكەرگاھنىڭ چۆرىسىدە تۇرۇپ كاناي چېلىڭلار ۋە: «پەرۋەردىگار ئۈچۈن ھەم گىدېئون ئۈچۈن!» دەپ توۋلاڭلار، ــ دېدى.
[19] كېيىنكى يېرىم كېچىلىك كۆزەتنىڭ باشلىنىشىدا، كۆزەتچىلەر يېڭىدىن ئالماشقاندا، گىدېئون ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان يۈز ئادەم لەشكەرگاھنىڭ قېشىغا كەلدى؛ ئاندىن ئۇلار كاناي چېلىپ قوللىرىدىكى كومزەكلەرنى چاقتى. [20] شۇ ھامان ئۈچ گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كاناي چېلىپ، كومزەكلەرنى چېقىپ، سول قوللىرىدا مەشئەللەرنى تۇتۇپ، ئوڭ قوللىرىدا كانايلارنى ئېلىپ: ــ پەرۋەردىگارغا ۋە گىدېئونغا ئاتالغان قىلىچ! ــ دەپ توۋلاشقىنىچە، [21] ئۇلارنىڭ ھەربىرى لەشكەرگاھنىڭ ئەتراپىدا، ئۆز جايىدا تۇرۇشتى؛ ياۋ قوشۇنى تەرەپ-تەرەپكە پېتىراپ، ۋارقىراپ-جارقىرىغان پېتى قاچقىلى تۇردى. [22] بۇ ئۈچ يۈز ئادەم كاناي چالغاندا، پەرۋەردىگار پۈتكۈل لەشكەرگاھتىكى ياۋ لەشكەرلىرىنى بىر-بىرىنى قىلىچلاشقا سېلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ياۋ قوشۇنى زېرەراھقا بارىدىغان يولدىكى بەيت-شىتتاھ تەرەپكە قاچتى؛ ئۇلار تابباتنىڭ يېنىدىكى ئابەل-مەھولاھنىڭ چېگرىسىغىچە قاچتى.
[23] ئاندىن نافتالى، ئاشىر ۋە پۈتكۈل ماناسسەھنىڭ قەبىلىلىرىدىن ئىسرائىللار چاقىرىپ كېلىندى ۋە ئۇلار مىدىيانىيلارنى قوغلىدى.
[24] شۇنىڭ بىلەن گىدېئون ئەفرائىم پۈتكۈل تاغلىقنى ئارىلاپ

كېلىشكە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ ئەفرائىملارغا: ــ «سىلەر چۈشۈپ
مىديانىيلارغا ھۇجۇم قىلىڭلار، بەيت-باراھقىچە، شۇنداقلا
ئىئوردان دەرياسىغىچە بارلىق ئېقىن كېچىكلىرىنى ئىگىلەپ،
ئۇلارنى توسۇۋېلىڭلار»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەفرائىمنىڭ ھەممە
ئادەملىرى يىغىلىپ، بەيت-باراھقىچە ۋە ئىئوردان دەرياسىغىچە
بارلىق ئېقىن كېچىكلىرىنى ئىگىلىدى.
[25] ئۇلار مىديانىنىڭ ئورەب
ۋە زەئەب دېگەن ئىككى ئەمىرىنى تۇتۇۋالدى؛ ئورەبنى ئۇلار «ئورەب
قورام تېشى» ئۈستىدە، زەئەبنى «زەئەب شاراب كۆلچىكى»دە ئۆلتۈردى،
مىديانىيلارنى قوغلاپ بېرىپ، ئورەب ۋە زەئەبنىڭ باشلىرىنى ئېلىپ،
ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە گىدېئوننىڭ قېشىغا كەلدى.

8 [1](كېيىن، ئەفرائىملار ئۇنىڭغا: ــ سەن نېمىشقا بىزگە شۇنداق
مۇئامىلە قىلىسەن، مىديانىيلار بىلەن سوقۇشقا چىققاندا،
بىزنى چاقىرمىدىڭغۇ، دەپ ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق دېيىشىپ كەتتى.
[2] ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن: ــ مېنىڭ قىلغانلىرىمنى قانداقمۇ سىلەرنىڭ
قىلغىنىڭلارغا تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن؟ ئەفرائىمنىڭ ئۈزۈملەرنى
پاساڭدىغىنى، ئابىئېزەرلەرنىڭ ئۈزۈم ئۈزگىنىدىن ئارتۇق ئەمەسمۇ؟
[3] خۇدا مىديانىنىڭ ئەمىرلىرى ئورەب بىلەن زەئەبنى قولۇڭلارغا
تاپشۇرغان يەردە، مېنىڭ قولۇمدىن كەلگىنىنى قانداقمۇ سىلەرنىڭ
قىلغىنىڭلارغا تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن؟ ــ دېدى. شۇنداق دېۋىدى،
ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىقى ياندى).
[4] ئەمدى گىدېئون ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ۋە
ئۆزىگە ھەمراھ بولغان ئۈچ يۈز ئادەم ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار

---

**25:7** زەب. 83:11-12؛ يەش. 26:10

**1:8** ھاك. 1:12

**3:8 «ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىقى ياندى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭغا قاراپ ئۇلارنىڭ روھلىرى تىنچلاندۇرۇلدى».

يەنىلا مىدىيانىيلارنى قوغلاپ دەريادىن ئۆتتى. [5]گىدېئون سۇككوت
شەھىرىدىكىلەرگە: ــ ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كىشىلەرگە نان
بەرسەڭلار، چۈنكى ئۇلار ھېرىپ-چارچاپ كەتتى. بىز مىدىيانىنىڭ
ئىككى پادىشاھى زەباھ ۋە زالمۇننانى قوغلاپ كېتىپ بارىمىز، ــ دېدى.
[6]لېكىن سۇككوتنىڭ چوڭلىرى جاۋاب بېرىپ: ــ زەباھ ۋە زالمۇننا
ھازىر سېنىڭ قولۇڭغا چۈشتىمۇ؟! بىز سېنىڭ مۇشۇ لەشكەرلىرىڭگە
نان بېرەمدۇق؟! ــ دېدى.
[7]گىدېئون: ــ خەپ! شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن پەرۋەردىگار زەباھ ۋە
زالمۇننانى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرغاندا، ئەتلىرىڭلارنى چۆلدىكى
يانتاق ۋە شوخا بىلەن خاماندا تېپىمەن، ــ دېدى.
[8]گىدېئون ئۇيەردىن پەنۇئەلگە بېرىپ، ئۇيەردىكى ئادەملەرگىمۇ شۇنداق
دېۋىدى، پەنۇئەلدىكى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا سۇككوتتىكىلەردەك
جاۋاب بەردى. [9]ئۇ پەنۇئەلدىكىلەرگە: ــ مەن غەلىبە بىلەن يېنىپ
كەلگىنىمدە، بۇ مۇنارىڭلارنى ئۆرۈۋېتىمەن، ــ دېدى.
[10]ئۇ چاغدا زەباھ ۋە زالمۇننا كاركور دېگەن جايدا ئىدى؛ ئۇلار بىلەن
ماڭغان قوشۇندا ئون بەش مىڭچە لەشكەر بار ئىدى. بۇلار بولسا
مەشرىقلىقلەرنىڭ پۈتكۈل قوشۇنىدىن قېلىپ قالغانلىرى ئىدى،
چۈنكى ئۇلاردىن قىلىچ تۇتقانلىرىدىن بىر يۈز يىگىرمە مىڭى
ئۆلتۈرۈلگەنىدى. [11] گىدېئون بولسا نوباھ ۋە يوگبىخاھنىڭ شەرقىدىكى

**4:8 «ئەمدى گىدېئون ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى... دەريادىن ئۆتتى»** ــ 1-3-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەر (ئەفرائىملارنىڭ گىدېئونلارغا ئاچچىقلىنىشى) 4-21-ئايەتلەردە خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەردىن كېيىن بولغان بولسا كېرەك.

**6:8 «زەباھ ۋە زالمۇننا ھازىر سېنىڭ قولۇڭغا چۈشتىمۇ؟!»** ــ ئىبرانىي تىلدا «زەباھ ۋە زالمۇننانىڭ ئالقانلىرى ھازىر سېنىڭ قولۇڭغا چۈشتىمۇ؟!». **«بىز سېنىڭ مۇشۇ لەشكەرلىرىڭگە نان بېرەمدۇق؟!»** ــ ئۇلارنىڭ نان بەرمەسلىك سەۋەبى بەلكىم شۇكى، بىز نان بەرگەندىن كېيىن گىدېئون مەغلۇپ بولسا (ئۇنىڭ ئاران ئۈچ يۈز ئادىمى بار ئىدى)، مىدىيانىيلار قايتىپ كېلىپ بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ، دەپ قورققان ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ مىدىيانىيلار بىلەن ئىتتىپاقى بولسا كېرەك.

**9:8 «مەن غەلىبە بىلەن يېنىپ كەلگىنىمدە...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مەن ئامان-تىنچلىق ئېلىپ يېنىپ كەلگىنىمدە...».

كۆچمەنلەر يولى بىلەن چىقىپ مىدىيانىنىڭ لەشكەرگاھىغا ھۇجۇم
قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدى؛ چۈنكى لەشكەرگاھتىكىلەر تولىمۇ
ئەندىشىسىز تۇرغانىدى. [12] زەباھ ۋە زالمۇننا قېچىپ كەتتى؛ گىدېئون
كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، مىدىيانىنىڭ بۇ ئىككى پادىشاھى زەباھ
ۋە زالمۇننانى تۇتۇۋالدى؛ ئۇ پۈتكۈل لەشكەرگاھتىكىلەرنى ئالاقزادە
قىلىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.
[13] ئاندىن يوئاشنىڭ ئوغلى گىدېئون ھەرەس داۋىنىدىن ئۆتۈپ، جەڭدىن
قايتىپ كەلدى. [14] ئۇ سۇككوتلۇق بىر ياش يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ،
ئۇنىڭدىن سۈرۈشتە قىلىۋىدى، يىگىت ئۇنىڭغا سۇككوتنىڭ چوڭلىرى
ۋە ئاقساقاللىرىنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ بەردى؛ ئۇلار جەمئىي بولۇپ
يەتمىش يەتتە ئادەم ئىدى. [15] ئاندىن گىدېئون سۇككوتنىڭ ئادەملىرىنىڭ
قېشىغا يېتىپ بارغاندا: ــ سىلەر مېنى زاڭلىق قىلىپ: «زەباھ ۋە
زالمۇننا ھازىر سېنىڭ قولۇڭغا چۈشتىمۇ؟ بىز سېنىڭ بىلەن بىللە
ماڭغان مۇشۇ ھارغىن ئادەملىرىڭگە نان بېرەمدۇق؟» دېگەنىدىڭلار!
مانا، ئۇ زەباھ ۋە زالمۇننا دېگەنلەر! ــ دېدى.
[16] شۇنى دەپ ئۇ شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى تۇتۇپ كېلىپ، چۆلدىكى
يانتاق بىلەن شوخىلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن سۇككوتنىڭ
ئادەملىرىنى ئۇرۇپ ئەدىپىنى بەردى.
[17] ئاندىن ئۇ پەنۇئەلنىڭ مۇنارىنى ئۆرۈپ، شەھەردىكى ئادەملەرنى
ئۆلتۈردى.
[18] گىدېئون زەباھ ۋە زالمۇننانى سوراق قىلىپ: ــ سىلەر ئىككىڭلار
تابوردا ئۆلتۈرگەن ئادەملەر قانداق ئادەملەر ئىدى؟ ــ دەپ سورىۋىدى،

---

**11:8 «... شەرقىدىكى كۆچمەنلەر يولى...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «... شەرقىدىكى چېدىرلاردا تۇرغۇچىلار يولى». شۇ يەر مىديانىيلارنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئىدى.

**12:8** زەب. 83:11-12

**15:8 «زەباھ ۋە زالمۇننا»** ــ ئىبرانىي تىلدا «زەباھ ۋە زالمۇننانىڭ ئالقانلىرى».

**16:8 «... ئۇلار بىلەن سۇككوتنىڭ ئادەملىرىنى ئۇرۇپ ئەدىپىنى بەردى»** ــ ياكى «... ئۇلار بىلەن سۇككوتنىڭ ئادەملىرىنى «خاماندا تەپتى»». ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن (17-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ ئۇلار ساڭا ئىنتايىن ئوخشايتتى؛ ئۇلارنىڭ
ھەربىرى شاھزادىدەك ئىدى، ــ دېدى.
[19] ئۇ بۇنى ئاڭلاپ: ــ ئۇلار مېنىڭ بىر تۇغقانلىرىمدۇر، بىز بىر ئانىنىڭ
ئوغۇللىرىمىز. پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
سىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنى تىرىك قويغان بولساڭلار، مەن سىلەرنى
ھەرگىز ئۆلتۈرمەيتتىم، ــ دېدى؛
[20] شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ ئوغلى يەتەرگە: ــ سەن قوپۇپ بۇلارنى
ئۆلتۈرگىن، ــ دېدى. لېكىن ئوغۇل كىچىك بولغاچقا قورقۇپ، قىلىچىنى
سۇغۇرمىدى.
[21] شۇنىڭ بىلەن زەباھ ۋە زالمۇننا: ــ سەن ئۆزۈڭ قوپۇپ بىزنى ئۆلتۈرگىن؛
چۈنكى ئادەم قانداق بولسا كۈچىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ــ دېدى. شۇنداق
دېيىۋىدى، گىدېئون قوپۇپ زەباھ ۋە زالمۇننانى ئۆلتۈردى. ئۇ تۆگىلىرىنىڭ
بويىندىكى ھىلال ئاي شەكىللىك بېزەكلەرنى ئېلىۋالدى.

## گىدېئوننىڭ پادىشاھ بولۇشنى رەت قىلىشى
## ۋە بۇتپەرەسلىك يولىغا كىرىشى

[22] ئاندىن ئىسرائىللار گىدېئونغا: ــ سەن بىزنى مىدىيانىنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزغانىكەنسەن، ئۆزۈڭ بىزگە پادىشاھ بولغىن؛ ئوغلۇڭ ۋە
ئوغلۇڭنىڭ ئوغلىمۇ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ھۆكۈم سۈرسۇن، ــ دېدى.
[23] ئەمما گىدېئون ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن ئۈستۈڭلارغا سەلتەنەت
قىلمايمەن، ئوغلۇممۇ ئۈستۈڭلەرگە سەلتەنەت قىلمايدۇ؛ بەلكى
پەرۋەردىگار ئۆزى ئۈستۈڭلەرگە سەلتەنەت قىلىدۇ، دېدى.
[24] ئاندىن گىدېئون ئۇلارغا يەنە: ــ سىلەرگە پەقەت بىرلا ئىلتىماسىم
بار: ــ ھەر بىرىڭلار ئۆز ئولجاڭلاردىن ھالقا-زىرىلەرنى ماڭا بېرىڭلار،

**21:8** زەب. 83:11-12

**23:8** **«مەن ئۈستۈڭلارغا سەلتەنەت قىلمايمەن»** ــ ئىسرائىلنىڭ تەلپى (22-ئايەت): «سەن گىدېئون بىزگە پادىشاھ بولغايسەن» دېگەنلىكتۇر. گىدېئون ئۇلارغا ھاكىملىق قىلغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ تەلپىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ («كىرىش سۆز»ىمىزنى، «سامۇئىل (1)» 8- ۋە 12-باب ۋە «سامۇئىل (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ).

دېدى (مىدىيانلار ئىسمائىللاردىن بولغاچقا، ھەربىرى ئالتۇن زىرە-ھالقىلارنى تاقايتتى).
[25] ئۇلار جاۋابەن: — بىرىشكە رازىمىز، دەپ يەرگە بىر يېپىنچىنى سېلىپ، ھەربىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولجىسىدىن زىرە-ھالقىلارنى ئېلىپ تاشلىدى. [26] ئۇ سوراپ يىغقان ئالتۇن زىرىلەرنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىڭ يەتتە يۈز شەكەل ئالتۇن ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا مىديان پادىشاھلىرى ئۆزىگە ئاسقان ھىلال ئاي شەكىللىك بۇيۇملار، زۇننار، ئۇچىسىغا كىيگەن سۆسۈن ئېگىنلەر ۋە تۆگىلەرنىڭ بوينىغا ئاسقان ئالتۇن زەنجىرلەرمۇ بار ئىدى.
[27] گىدېئون بۇ نەرسىلەردىن بىر ئەفود ياسىتىپ، ئۆز شەھىرى ئوفراھتا قويۇپ قويدى. نەتىجىدە، پۈتكۈل ئىسرائىل ئۇنى ئىزدەپ بۇزۇقچىلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسە گىدېئون ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىگە بىر تور-تۇزاق بولدى.
[28] مىدىيانىيلار شۇ تەرىقىدە ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا بويسۇندۇرۇلۇپ، ئىككىنچى باش كۆتۈرەلمىدى؛ زېمىن گىدېئوننىڭ كۈنلىرىدە قىرىق يىلغىچە تىنچ-ئاراملىق تاپتى.
[29] يوئاشنىڭ ئوغلى يەرۇببائال قايتىپ بېرىپ، ئۆز ئۆيىدە ئولتۇردى.
[30] گىدېئوننىڭ ئاياللىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ پۇشتىدىن يەتمىش

26:8 **«1700 شەكەل»** — ئالتۇن بولسا بەلكىم 20 كىلوگرامچە كېلەتتى.
27:8 **«ئەفود»** — ئەسلىدە باش كاھىن كىيىدىغان ئالاھىدە بىرخىل كىيىم ئىدى. ئۇ توغرۇلۇق «مىس.» 28:6-30 ۋە ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈڭ. مۇسا پەيغەمبەر ئىسرائىللارغا بېكىتكەن قانۇن بويىچە پۈتكۈل ئىسرائىل ئۈچۈن پەقەت بىرلا ئەفود بولۇشى كېرەك؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت باش كاھىنلا ئۇنى تاقىشى كېرەك ئىدى. **«...پۈتكۈل ئىسرائىل ئەفودنى ئىزدەپ بۇزۇقچىلىق قىلدى»** — مۇسا پەيغەمبەر بېكىتكەن قانۇن بويىچە «ئەفود» ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقى خۇدادىن يول سورىيالايتتى. لېكىن گىدېئون ياسىغان بۇ ئەفود خۇدا بېكىتكەن ئەفود ئەمەس ۋە كاھىنلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئىشلىتىلگەن ئەمەس. نەتىجىدە گىدېئون ۋە ئائىلىسىدىكىلەر شۇ ئەفود ئارقىلىق ھوقۇقنى چەكتىن ئاشۇرۇپ يۇرگۈزگەن ۋە ئىسرائىللار ئەفودقا بۇت سۈپىتىدە چوقۇنۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.
—«بۇزۇقچىلىق» — خۇدا ئالدىدا ھەرقانداق بۇتپەرەسلىك «روھىي بۇزۇقلۇق» ياكى «روھىي پاھىشۋازلىق» دەپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوغۇل تۆرەلدى. [31] شەكەمدە ئۇنىڭ بىر كېنىزىكىمۇ بار ئىدى؛
ئۇ ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى، گىدېئون ئۇنىڭ ئىسمىنى
«ئابىمەلەك» دەپ قويدى.
[32] يوئاشنىڭ ئوغلى گىدېئون ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، قېرىپ ئالەمدىن
ئۆتتى. ئۇ ئابىئېزەرلەرگە تەۋە بولغان ئوفراھدا، ئۆز ئاتىسى يوئاشنىڭ
قەبرىسىگە دەپنە قىلىندى.
[33] گىدېئون ئۆلگەندىن كېيىن ئىسرائىللار كەينىگە يېنىپ، بائال
بۇتلىرىغا ئەگىشىپ بۇزۇقچىلىق قىلدى ۋە «بائال-بېرىت»نى
ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھى قىلىپ بېكىتتى. [34] شۇنداق قىلىپ ئىسرائىللار
ئۆزلىرىنى ئەتراپىدىكى بارلىق دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان
ئۆز خۇداسى پەرۋەردىگارنى ئۇنتۇدى [35] ۋە شۇنىڭدەك گىدېئوننىڭ
ئىسرائىلغا قىلغان ھەممە ياخشىلىقلىرىنى ھېچ ئەسلىمەي،
يەرۇببائال (يەنى گىدېئون)نىڭ جەمەتىگە ھېچبىر مېھرىبانلىق
كۆرسەتمىدى.

## ئابىمەلەكنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىنى ئۆلتۈرۈشى
## ۋە پادىشاھ بولۇۋېلىشى

9 [1] ئەمدى يەرۇببائالنىڭ ئوغلى ئابىمەلەك شەكەمدىكى ئانىسىنىڭ
ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلار ۋە ئانىسىنىڭ
ئاتىسىنىڭ پۈتكۈل جەمەتىدىكىلەرگە: — [2] سىلەر شەكەمدىكى
بارلىق ئادەملەرنىڭ قۇلىقىغا سۆز قىلىپ ئۇلارغا: «سىلەر ئۈچۈن
يەتمىش كىشى، يەنى يەرۇببائالنىڭ ئوغۇللىرى ئۈستۈڭلارغا ھۆكۈم
سۈرگىنى ياخشىمۇ ياكى بىرلا ئادەمنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ھۆكۈم

31:8 **«ئۇ گىدېئونغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى، گىدېئون ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئابىمەلەك» دەپ قويدى»** — قىزىق بىر يېرى شۇكى، گىدېئون پادىشاھ بولۇشنى رەت قىلغىنى بىلەن پادىشاھدەك كۆپ ئاياللىق بولغان ۋە شەكەمدىكى كېنىزىكىدىن تۇغۇلغان ئوغلىغا «مېنىڭ ئاتام پادىشاھدۇر» («ئابىمەلەك») دەپ ئىسىم قويغان.

سۇرگىنى ياخشىمۇ؟ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مەن سىلەرنىڭ قان-
قېرىندىشىڭلارمەن» ــ دېگەن گېپىمنى يەتكۈزۈڭلار، ــ دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى ئۇ توغرۇلۇق
بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى شەكەمدىكىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا
ئېيتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئابىمەلەككە مايىل بولۇپ: ــ ئۇ بىزنىڭ
قېرىندىشىمىز ئىكەنغۇ، دېيىشىپ، [4] بائال-بېرىتنىڭ بۇتخانىسىدىن
يەتمىش شەكەل كۈمۈشنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بەردى. بۇ پۇل بىلەن
ئابىمەلەك بىرمۇنچە بىكار تەلەپ لۈكچەكلەرنى ياللاپ، ئۇلارغا باش
بولدى. [5] ئاندىن ئۇ ئوفراھقا، ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ ئاكا-
ئۇكىلىرى، يەنى يەرۇببائالنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ جەمئىي يەتمىش
ئادەمنى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. لېكىن يەرۇببائالنىڭ
كىچىك ئوغلى يوتام يوشۇرۇنۇۋالغاچقا، قۇتۇلۇپ قالدى.
[6] ئاندىن پۈتكۈل شەكەمدىكىلەر ۋە بەيت-مىللودىكىلەرنىڭ
ھەممىسى يىغىلىشىپ بېرىپ ئابىمەلەكنى شەكەمدىكى دۇب
دەرىخىنىڭ تۈۋىدە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.
[7] بۇ خەۋەر يوتامغا يەتكۈزۈلدى؛ ئۇ بېرىپ گەرىزىم تېغىنىڭ
چوققىسىغا چىقىپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا كۆپچىلىككە
توۋلاپ: ــ ئەي شەكەم چوڭلىرى، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار،
ئاندىن خۇدامۇ سىلەرگە قۇلاق سالىدۇ. [8] كۈنلەردىن بىر كۈنى دەرەخلەر
ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدىغان بىر دەرەخنى مەسىھلەپ

---

2:9 **«...مەن سىلەرنىڭ قان-قېرىندىشىڭلارمەن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «...مەن سىلەرنىڭ سۆڭەك ۋە ئەتلىرىڭلاردىنمەن».

6:9 **«ئۇلار... يىغىلىشىپ بېرىپ ئابىمەلەكنى شەكەمدىكى دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىدە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى»** ــ ئىلگىرى يەشۇئا پەيغەمبەر شۇ جايدا خەلق بىلەن «خۇدانىڭ يولىدا ماڭايلى» دەپ ئەھدە تۈزۈپ، ئەھدىنامىنى شۇ دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويغان («يە.» 26:24).

**6:9** يە. 26:24.

7:9 **«ئۇ بېرىپ گەرىزىم تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا كۆپچىلىككە توۋلاپ...»** ــ دېمىسەكمۇ، گەرىزىم تېغى شەكەم شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرىدۇ.

پادىشاھ تىكلەشكە ئىزدەپ چىقىپ، زەيتۇن دەرىخىگە: ــ ئۈستىمىزگە
پادىشاھ بولۇپ بەرگىن، دەپتىكەن. [9]زەيتۇن دەرىخى ئۇلارغا جاۋاب
بېرىپ: ــ خۇداغا ۋە ئىنسانلارغا بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدىغان
مېيىمنى تاشلاپ، باشقا دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پۇلاڭلاشقا
كېتەمدىم؟ ــ دەپتۇ.
[10]بۇنى ئاڭلاپ دەرەخلەر ئەنجۈر دەرىخىنىڭ قېشىغا بېرىپ: ــ سەن
كېلىپ ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولغىن، دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ؛ [11]ئەنجۈر
دەرىخى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن ئۆز شىرىنەم بىلەن ياخشى
مېۋەمنى تاشلاپ، باشقا دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پۇلاڭلاشقا
كېتەمدىم؟ ــ دەپتۇ.
[12]شۇنىڭ بىلەن دەرەخلەر ئۈزۈم تاللىقىنىڭ قېشىغا بېرىپ: ــ سەن
كېلىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولغىن، دەپتۇ، [13]ئۈزۈم تېلى
ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن خۇدا بىلەن ئادەملەرنى خۇش قىلىدىغان
يېڭى شارابىنى تاشلاپ، باشقا دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پۇلاڭلاشقا
كېتەمدىم؟ ــ دەپتۇ.
[14]ئاندىن دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى ئازغاننىڭ قېشىغا بېرىپ: ــ
سەن كېلىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولغىن، دەپتۇ؛ [15]ئازغان
ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئەگەر سىلەر مېنى سەمىمىي نىيەتىڭلار
بىلەن ئۈستۈڭلارغا پادىشاھ قىلىشنى خالىساڭلار، كېلىپ
مېنىڭ سايەمنىڭ ئاستىدا پاناھلىنىڭلار؛ بولمىسا، ئازغاندىن
بىر ئوت چىقىدۇ ۋە لىۋاننىڭ كېدىر دەرەخلىرىنى يەپ كېتىدۇ!
ــ دەپتۇ.
[16]ئەگەر سىلەرنىڭ ئابىمەلەكنى پادىشاھ قىلغىنىڭلار راست
سەمىمىي ۋە دۇرۇس نىيەت بىلەن بولغان بولسا، يەرۇببائال ۋە ئۇنىڭ

---

15:9 **«... بولمىسا، ئازغاندىن بىر ئوت چىقىدۇ ۋە لىۋاننىڭ كېدىر دەرەخلىرىنى يەپ كېتىدۇ!»** ــ يوتامنىڭ بۇ تەمسىلى ئۆز ئاتىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە؛ گىدېئون گەرچە «تېگى پەس» ئادەم بولسىمۇ، ئىسرائىلغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئۆز ھاياتىنى بىرنەچچە قېتىم تەۋەككۈل قىلدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسرائىللار ئۇنىڭغا ۋە ئائىلىسىگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىشى كېرەك.

ئائىلىسىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلغان، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرى
بويىچە ئۇنىڭغا قايتۇرغان بولساڭلار ــ [17] (چۈنكى ئاتام سىلەر ئۈچۈن
جەڭ قىلىپ، ئۆز جېنىنى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ سىلەرنى
مىدىيانىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى! [18] لېكىن سىلەر بۈگۈن ئاتامنىڭ
جەمەتىگە قارشى قوزغىلىپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى، جەمئىي يەتمىش
ئادەمنى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ دېدىكىنىڭ ئوغلى
ئابىمەلەكنى تۇغقىنىڭلار بولغىنى ئۈچۈن شەكەم خەلقىنىڭ ئۈستىگە
پادىشاھ قىلىپ تىكلەپسىلەر!) [19] ــ ئەمدى ئەگەر سىلەر يەرۇببائال
ۋە جەمەتىگە سەمىمىي ۋە دۇرۇس مۇئامىلە قىلغان بولساڭلار، سىلەر
ئابىمەلەكتىن خۇشاللىق تاپقايسىلەر، ئۇمۇ سىلەردىن خۇشاللىق
تاپقاي! [20] لېكىن بولمىسا، ئابىمەلەكتىن ئوت چىقىپ، شەكەمدىكىلەر
ۋە بەيت-مىللونىڭ خەلقىنى يەپ كەتسۇن؛ شۇنداقلا، شەكەمدىكىلەر
ۋە بەيت-مىللونىڭ خەلقىدىن ئوت چىقىپ، ئابىمەلەكنى يەپ كەتسۇن!
ــ دېدى.
[21] يوتام قېرىندىشى ئابىمەلەكتىن قورقۇپ، قېچىپ بەئەر دېگەن جايغا
بېرىپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.
[22] ئابىمەلەك ئىسرائىلغا ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى. [23] خۇدا ئابىمەلەك
بىلەن شەكەمنىڭ ئادەملىرى ئوتتۇرىسىغا بىر يامان روھ ئەۋەتتى؛
شۇنىڭ بىلەن شەكەمدىكىلەر ئابىمەلەككە ئاسىيلىق قىلىشقا
قوزغالدى. [24] بۇنىڭ مەقسىتى، يەرۇببائالنىڭ يەتمىش ئوغلىغا
قىلىنغان زوراۋانلىق ۋە قان قەرزىنى ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن قېرىندىشى
ئابىمەلەكنىڭ بويىنىغا چۈشۈرۈش، شۇنداقلا ئۆز ئاكا-ئۇكىلىرىنى
ئۆلتۈرۈشكە ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن شەكەمدىكى كىشىلەرنىڭ
بېشىغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

---

16:9 **«يەرۇببائال»** ــ يەنى «گىدېئون» ــ 32:6نى كۆرۈڭ. **«ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بويىچە...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ئەمەللىرى بويىچە...».

23:9 **«بىر يامان روھ»** ــ بىر جىن، دېمەك.

[25] شەكەمدىكى كىشىلەر ئابىمەلەكنى تۇتماقچى بولۇپ، تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا پايلاقچىلارنى بۆكتۈرمە قىلىپ تۇرغۇزدى؛ ئۇلار ئۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. بۇ ئىش ئابىمەلەككە يەتكۈزۈلدى.

[26] ئەبەدنىڭ ئوغلى گائال ئۆز ئاكا-ئۇكىلىرى بىلەن شەكەمگە كۆچۈپ كېلىۋىدى، شەكەمدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلاپ ئۇنى ئۆز يار-يۆلىكى قىلدى. [27] شۇنداق قىلىپ ئۇلار شەھەردىن ئېتىزلىققا چىقىپ، ئۈزۈمزارلارنىڭ ئۈزۈملىرىنى ئۈزۈپ سىقىپ، شاراب ياساپ، شادلىق قىلىپ ئۆز بۇتىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ، يەپ-ئىچىشىپ ئابىمەلەكنىڭ ئۈستىدىن لەنەت ئوقۇغىلى تۇردى. [28] ئەبەدنىڭ ئوغلى گائال: ــ ئابىمەلەك دېگەن كىم ئىدى؟ شەكەم دېگەن نېمە ئىدى، بىز نېمە دەپ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغۇدەكمىز؟! ئۇ يەرۇببائالنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟ زەبۇل ئۇنىڭ نازارەتچىسى ئەمەسمۇ؟ سىلەر شەكەمنىڭ ئاتىسى ھامورنىڭ ئادەملىرىنىڭ خىزمىتىدە بولساڭلار بولىدۇ! بىز نېمىشقا ئابىمەلەكنىڭ خىزمىتىدە بولىدىكەنمىز؟ [29] كاشكى بۇ خەلق مېنىڭ قول ئاستىمدا بولسا ئىدى! ئۇ چاغدا مەن ئابىمەلەكنى ھەيدىۋېتەتتىم! مەن ئابىمەلەككە: ــ ئۆز قوشۇنىڭنى كۆپەيتىپ، جەڭگە چىققىن! ــ دېگەن بولاتتىم.

---

27:9 **«شاراب ياساپ...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۈزۈملەرنى دەسسەپ...».

28:9 **«ئابىمەلەك دېگەن كىم ئىدى؟ شەكەم دېگەن نېمە ئىدى، بىز نېمە دەپ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغۇدەكمىز؟! ئۇ يەرۇببائالنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «يەرۇببائال» دېگەننىڭ مەنىسى «بائالنىڭ ئۆزى كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلسۇن!» دېگەنلىك بولۇپ، گىدېئون (يەنى، يەرۇببائال)نىڭمۇ بائالغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا گائالنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى شەكەمدىكىلەر بائالپەرەسلەر تۇرۇپ، نېمىشقا بائالغا قارشى تۇرغان ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ؟» دېگەندەك ئىدى. **«سىلەر شەكەمنىڭ ئاتىسى ھامورنىڭ ئادەملىرىنىڭ خىزمىتىدە بولساڭلار بولىدۇ»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە شەكەمدىكىلەر ھامور دېگەن بىر كىشىگە بېقىندى ئىدى («يار.» 34-بابنى كۆرۈڭ). ھامور تۇنجى ئوغلىغا شەھەرنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغان. «شەكەمنىڭ ئاتىسى» دەل مۇشۇ ھامورنى كۆرسىتىدۇ؛ ئابىمەلەك شەھەرنى سوراشتىن بۇرۇن «شەھەر باشلىقى» ھامورنىڭ جەمەتىدىكىلەردىن چىققان بولسا كېرەك.

30 ئەمدى شەھەر باشلىقى زەبۇل ئەبەدنىڭ ئوغلى گائالنىڭ بۇ سۆزلىرىنى
ئاڭلىغىنىدا، ئاچچىقى كېلىپ، 31 ئەلچىلەرنى ئابىمەلەكنىڭ قېشىغا
يوشۇرۇنچە ئەۋەتىپ: «مانا، گائالنىڭ ئوغلى قېرىنداشلىرى بىلەن
شەكەمگە كېلىۋاتىدۇ؛ مانا، شەھەرنى سىلىگە قارشى چىقىشقا قۇ
ترىتىۋاتىدۇ. 32 شۇڭا سىلى ئادەملىرىنى ئېلىپ بۈگۈن كېچە شەھەر
ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقتا بېرىپ ماراپ ئولتۇرغايلا؛ 33 ئەتە كۈن چىققان
ھامان قوزغىلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغايلا؛ ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى
سىلىگە قارشى چىققاندا، سىلى ئەھۋالغا قاراپ ئۇنىڭغا تاقابىل
تۇرغايلا، ــ دېدى.
34 بۇنى ئاڭلاپ، ئابىمەلەك ھەممە ئادەملىرىنى ئېلىپ، كېچىسى
چىقىپ، تۆت توپقا بۆلۈنۈپ، يوشۇرۇنۇپ شەكەمگە ھۇجۇم قىلىشقا
ماراپ ئولتۇردى.
35 ئەبەدنىڭ ئوغلى گائال سىرتقا چىقىپ شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا ئۆرە
تۇرغاندا، ئابىمەلەك ئۆز ئادەملىرى بىلەن يوشۇرۇنغان جايدىن چىقتى.
36 گائال خەلقنى كۆرۈپ زەبۇلغا: ــ مانا تاغ چوققىلىرىدىن ئادەملەر
چۈشۈۋاتىدۇ، دېدى. لېكىن زەبۇل ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ تاغلارنىڭ
كۆلەڭگىسى ساڭا ئادەملەردەك كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى.
37 گائال يەنە سۆز قىلىپ: مانا، بىر توپ ئادەملەر دۆڭلەردىن چۈشۈپ
كېلىۋاتىدۇ، يەنە بىر توپ ئادەملەر «پالچىلارنىڭ دۇب دەرىخى»نىڭ
يولى بىلەن كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى.
38 ئاندىن زەبۇل ئۇنىڭغا: ــ سېنىڭ: «ئابىمەلەك دېگەن كىم ئىدى، بىز
ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولاتتۇقمۇ؟» دەپ چوڭ گەپ قىلغان ئاغزىڭ ھازىر
قېنى؟ مانا بۇلار سەن كۆزگە ئىلمىغان خەلق ئەمەسمۇ؟ ئەمدى چىقىپ
ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ باققىن! ــ دېدى.
39 شۇنىڭ بىلەن گائال شەكەمدىكىلەر بىلەن چىقىپ ئابىمەلەك بىلەن
سوقۇشۇشقا باشلىدى. 40 لېكىن ئابىمەلەك ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ

31:9 **«مانا، شەھەرنى سىلىگە قارشى چىقىشقا قۇترىتىۋاتىدۇ»** ــ ياكى «مانا، شەھەرنى سىلىگە قارشى تۇرۇشقا مۇستەھكەملەۋاتىدۇ».

قوغلىدى؛ ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدىن قاچتى، شۇنداقلا نۇرغۇن يارىلانغان
ئادەملەر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغىچە يېتىشىپ كەتكەنىدى.
41 ئاندىن ئابىمەلەك ئارۇماھدا تۇرۇپ قالدى. زەبۇل بولسا گائال
ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى قوغلاپ، ئۇلارنىڭ شەكەمدە تۇرۇشىغا
يول قويمىدى. 42 ئەتىسى گائالدىكىلەر دالاغا چىقتى؛ بۇ خەۋەر
ئابىمەلەككە يەتكەندە 43 ئۇ خەلقنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئۈچ توپقا
بۆلۈپ، دالادا يوشۇرۇنۇپ ماراپ تۇردى؛ ئۇ قاراپ تۇرۇۋىدى، شەكەم
خەلقى شەھەردىن چىقتى. ئۇ قوپۇپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى.
44 ئابىمەلەك ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان بىرىنچى توپ ئاتلىنىپ
شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بېسىپ بېرىپ، ئۇ يەردە تۇردى؛
قالغان ئىككى توپ ئېتىلىپ بېرىپ دالادا تۇرغان ئادەملەرگە
ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قىرىۋەتتى. 45 شۇ تەرىقىدە ئابىمەلەك پۈتۈن
بىر كۈن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئېلىپ، ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان
خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى خانىۋەيران قىلىپ ئۈستىگە تۇزلارنى
چېچىۋەتتى.
46 شەكەم مۇناردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇنى ئاڭلاپ، بېرىت
دېگەن بۇتنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى قورغانغا كىرىۋالدى. 47 شەكەم
مۇناردىكى ئادەملەر بىر يەرگە يىغىلىۋاپتۇ، دېگەن خەۋەر ئابىمەلەككە
يەتتى. 48 شۇنىڭ بىلەن ئابىمەلەك ئادەملىرىنى ئېلىپ زالمون تېغىغا
چىقتى؛ ئۇ قولىغا پالتىنى ئېلىپ دەرەخنىڭ بىر شېخىنى كېسىپ
ئېلىپ، ئۆشنىسىگە قويۇپ، ئاندىن ئۆزى بىلەن بولغان خەلققە: ــ
مېنىڭ نېمە قىلغىنىمنى كۆردۈڭلار، ئەمدى سىلەرمۇ تېزدىن شۇنداق
قىلىڭلار، ــ دېدى.
49 بۇنى ئاڭلاپ خەلقنىڭ ھەربىرى ئابىمەلەكتەك بىردىن شاخنى كېسىپ

---

**46:9 «شەكەم مۇناردىكى ئادەملەر... بۇنى ئاڭلاپ، بېرىت دېگەن بۇتنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى قورغانغا كىرىۋالدى»** ــ بۇ ئايەتكە قارىغاندا «شەكەم مۇنارى» شەكەم شەھىرىدىن ئايرىم تۇرسا كېرەك. مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇ «بەيت-مىللو» دېگەن جايغا ئوخشاشتۇر (20:9-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن لەنەتنى كۆرۈڭ).

ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بېرىپ، شاخلارنى قورغاننىڭ يېنىغا
دۆۋىلەپ، ئوت قويۇپ قورغان ۋە ئۇنىڭدا بولغانلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
بۇنىڭ بىلەن شەكەمنىڭ مۇناردىكى ھەممە ئادەملەر، جەمئىي
مىڭچە ئەر-ئايال ئۆلدى.
50 ئاندىن ئابىمەلەك تەبەزگە بېرىپ، ئۇ يەردە بارگاھ قۇرۇپ تەبەزكە
قورشاپ، ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلدى. 51 لېكىن شەھەرنىڭ
ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم بىر مۇنار بار ئىدى؛ بارلىق ئەر-ئايال،
جۇملىدىن شەھەرنىڭ ھەممە چوڭلىرى ئۇ يەرگە قېچىپ بېرىپ،
دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقاپ، مۇنارنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالدى.
52 ئابىمەلەك مۇنارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوت قويۇشقا مۇنارنىڭ
دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، 53 بىر ئايال يارغۇنچاقنىڭ ئۇستۈنكى
تېشىنى ئابىمەلەكنىڭ بېشىغا ئېتىپ ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى
سۇندۇرۇۋەتتى. 54 ئاندىن ئابىمەلەك دەرھال ئۆز يارىغىنى كۆتۈرگۈچى
يىگىتنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ قىلىچىڭنى سۇغۇرۇپ مېنى
ئۆلتۈرۈۋەتكىن؛ بولمىسا، خەلق مېنىڭ توغرامدا: «بىر ئايال كىشى
ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېيىشىدۇ، ــ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ يىگىت ئۇنى
سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
55 ئاندىن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ئابىمەلەكنىڭ ئۆلگىنىنى
كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز جايلىرىغا قايتىپ
كېتىشتى. 56 شۇنداق قىلىپ خۇدا ئابىمەلەكنىڭ ئۆزىنىڭ يەتمىش
ئاكا-ئۇكىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتىسىغا قىلغان رەزىللىكىنى ئۇنىڭ
ئۆز بېشىغا ياندۇردى؛ 57 شۇنىڭدەك خۇدا شەكەمنىڭ ئادەملىرى
قىلغان بارلىق يامانلىقلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ بېشىغا ياندۇرۇپ
چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن يەرۇبباَئالنىڭ ئوغلى يوتام ئېيتقان لەنەت
ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كەلدى.

**53:9** 2سام. 21:11

## تولا ۋە يائىرنىڭ «ھاكىم» بولۇشى

10 [1] ئابىمەلەكتىن كېيىن ئىسساكار قەبىلىسىدىن بولغان
دودونىڭ نەۋرىسى، پۇئاھنىڭ ئوغلى تولا دېگەن كىشى
ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇشقا تۇردى؛ ئۇ ئەفرائىمنىڭ تاغلىرىدىكى شامىر
دېگەن جايدا تۇراتتى؛ [2] ئۇ ئىسرائىلغا يىگىرمە ئۈچ يىل ھاكىم بولۇپ
ئالەمدىن ئۆتتى ۋە شامىردا دەپنە قىلىندى.
[3] ئۇنىڭدىن كېيىن گىلېئادلىق يائىر تۇردى؛ ئۇ ئىسرائىلغا يىگىرمە
ئىككى يىل ھاكىم بولدى. [4] ئۇنىڭ ئوتتۇز ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇز
تەخەيگە مىنىپ يۈرەتتى. ئۇلار ئوتتۇز شەھەرگە ئىگىدارچىلىق
قىلاتتى؛ بۇ شەھەرلەر گىلېئاد يۇرتىدا بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە
«يائىرنىڭ كەنتلىرى» دەپ ئاتالماقتا. [5] يائىر ۋاپات بولۇپ، كاموندا
دەپنە قىلىندى.

## ئىسرائىلنىڭ يەنە گۇناھقا پېتىشى

[6] لېكىن ئىسرائىللار يەنە پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى
قىلىپ، بائال بىلەن ئاشتاروتلارغا باش ئۇرۇپ، شۇنداقلا سۇرىيەنىڭ
ئىلاھلىرى، زىدونىيلىكلەرنىڭ ئىلاھلىرى، موئابنىڭ ئىلاھلىرى،
ئاممونىيلارنىڭ ئىلاھلىرى ۋە فىلىستىيلەرنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ
ئىبادىتىگە كىرىپ، پەرۋەردىگارنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئىبادەتتە بولمى
دى. [7] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا قوزغىلىپ،
ئۇلارنى فىلىستىيلەرنىڭ ۋە ئاممونىيلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى.
[8] ئۇلار بولسا شۇ يىلى ئىسرائىللارنى قاتتىق بېسىپ ئەزدى؛ ئاندىن ئۇلار
ئىئوردان دەرياسىنىڭ مەشرىق تەرىپىدە ئاموريلارنىڭ زېمىنىدىكى
<u>گىلېئادتا ئۇلتۇرۇشلۇق</u> بارلىق ئىسرائىل خەلقىگە ئون سەككىز

4:10 **«يائىرنىڭ كەنتلىرى»** — ياكى «ھاۋۋوت-يائىر».

6:10 **«سۇرىيە»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئارام».

6:10 ھاك. 2:11؛ 3:7؛ 4:1؛ 6:1

7:10 **«... ئاممونىيلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى»** — ئىبرانىي تىلىدا «...ئاممونىيلارنىڭ قولىغا سېتىپ بەردى».

يىلغىچە زۇلۇم قىلدى. [9] ئاممونىيلار يەنە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يەھۇدا، بىنيامىن ۋە ئەفرائىم جەمەتىگە قارشى ھۇجۇم قىلدى: شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىل قاتتىق ئازابلاندى.
[10] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا پەرياد قىلىپ: ــ بىز ساڭا گۇناھ قىلدۇق، ئۆز خۇدايىمىزنى تاشلاپ، بائال بۇتلىرىنىڭ قۇللۇقىغا كىرىپ كەتتۇق، دېدى.
[11] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا: ــ مەن سىلەرنى مىسىرلىقلاردىن، ئامورىيلاردىن، ئاممونىيلاردىن ۋە فىلىستىيلەردىن قۇتقۇزغان ئەمەسمىدىم؟ [12] زىدونىيلار، ئامالەكلەر ۋە مائونلار كېلىپ سىلەرگە زۇلۇم قىلغىنىدا، ماڭا پەرياد قىلغىنىڭلاردا سىلەرنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان ئەمەسمىدىم؟ [13] شۇنداقتىمۇ، سىلەر يەنە مېنى تاشلاپ، يات ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىغا كىردىڭلار. مەن سىلەرنى ئەمدى قۇتقۇزمايمەن! [14] ئەمدى بېرىپ ئۆزۈڭلار تاللىغان ئىلاھلارغا پەرياد قىلىڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان چېغىڭلاردا شۇلار سىلەرنى قۇتقۇزسۇن، ــ دېدى.
[15] ئەمما ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا يالۋۇرۇپ: ــ بىز گۇناھ قىلدۇق! ئەمدى نەزىرىڭگە نېمە ياخشى كۆرۈنسە بىزگە شۇنداق قىلغىن، بىزنى پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا قۇتقۇزۇۋالغايسەن! ــ دېدى.
[16] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل يات ئىلاھلارنى ئۆز ئارىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىگە كىرىشتى؛ پەرۋەردىگار ئىسرائىلنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولدى.

## غېرىپ ئادەمنىڭ سەردار بولۇشى ـ يەفتاھ

[17] شۇ ۋاقىتتا ئاممونىيلار توپلىنىپ گىلېئادتا چېدىرگاھ تىكتى؛

**8:10** «... ئىئوردان دەرياسىنىڭ مەشرىق تەرىپىدە» ــ ئىبرانىي تىلىدا «... ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە».
**13:10** قان. 15:32؛ يەر. 13:2

ئىسرائىللارمۇ يىغىلىپ كېلىپ مىزپاھغا چۈشۈپ چېدىرگاھ
تىكتى. 18 گىلېئادتىكى خەلقنىڭ چوڭلىرى ئۆزئارا: ــ كىم ئاممونىيلار
بىلەن سوقۇشۇشقا باشلامچى بولسا، ئۇ بارلىق گىلېئادتىكىلەرگە
باش بولىدۇ، دېدى.

11 1 شۇ چاغدا گىلېئادلىق يەفتاھ دېگەن كىشى باتۇر پالۋان
ئىدى. ئۇ بىر پاھىشە ئايالنىڭ ئوغلى بولۇپ، گىلېئادتىن
تۆرەلگەنىدى. 2 لېكىن گىلېئادنىڭ ئۆز ئايالى ئۇنىڭغا بىرنەچچە
ئوغۇل بالا تۇغۇپ بەرگەنىدى؛ بۇ ئايالدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى چوڭ
بولغاندا يەفتاھنى ئۆيدىن قوغلاپ: ــ سەن باشقا خوتۇندىن بولغان
ئوغۇل بولغاچقا، ئاتىمىزنىڭ ئۆيىدىن مىراسقا ئىگە بولمايسەن، ــ
دېدى.
3 شۇنىڭ بىلەن يەفتاھ قېرىنداشلىرىدىن قېچىپ، توب دېگەن زېمىندا
تۇرۇپ قالدى. شۇ يەردە بىرمۇنچە بىكار تەلەپلەر يەفتاھنىڭ ئەتراپىغا
بىر-بىرلەپ يىغىلدى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن كىرىپ-چىقىپ يۈرەتتى.
4 ئەمما بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندە ئاممونىيلار ئىسرائىل بىلەن
سوقۇشقا چىقتى. 5 ئاممونىيلار ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلغاندا
گىلېئادنىڭ ئاقساقاللىرى يەفتاھنى توب زېمىنىدىن ئېلىپ
كەلمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. 6 ئۇلار بېرىپ يەفتاھقا ئىلتىجا

**18:10** ھاك. 6:11، 9، 10، 11

**1:11 «يەفتاھ بىر پاھىشە ئايالنىڭ ئوغلى بولۇپ، گىلېئادتىن تۆرەلگەنىدى»** ــ يەفتاھنىڭ ئاتىسى گىلېئاد ماناسسەھنىڭ نەۋرىسى گىلېئاد ئەمەس، ئەلۋەتتە («چۆل.» 29:26). لېكىن ئۇ گىلېئادتىكىلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك.
ــ «گىلېئاد» (مەنىسى «تاشلىق رايون») دېگەن جاي خېلى بۇرۇنلا شۇ نام بىلەن تونۇلغان (مەسىلەن «يار.» 21:31). ماناسسەھنىڭ نەۋرىسى گىلېئادقا شۇ يەرنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ؛ كېيىن ئۇنىڭ ئەجدادلىرى دەرۋەقە شۇ رايوندا ئولتۇراقلاشتى.

**1:11** ئىبر. 32:11

**3:11 «... چىقىپ-كىرىپ يۈرەتتى»** ــ ئىبرانىي تىلدا بۇ ئىبارە بەلكىم بۇلاڭچىلىق قىلىشقا چىقىشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

قىلىپ: ــ بىزنىڭ ئامونىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىمىز ئۈچۈن سەن كېلىپ بىزگە سەردار بولۇپ بەرگىن، ــ دېدى.
[7] يەفتاھ گىلىئادنىڭ ئاقساقاللىرىغا جاۋابەن: ــ سىلەر مېنى ئۆچ كۆرۈپ ئاتامنىڭ جەمەتىدىن ھەيدىۋەتكەنىدىڭلارغۇ، ئەمدى بېشىڭلارغا بالايىئاپەت چۈشكەندە قانداقسىگە مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ قالدىڭلار، ــ دېدى.
[8] گىلىئادنىڭ ئاقساقاللىرى يەفتاھقا: ــ دۇرۇس، لېكىن سېنى بىز بىلەن بىللە بېرىپ ئامونىيلارغا قارشى جەڭ قىلىپ، گىلىئادتا ھەممە ئولتۇرۇۋاتقانلارغا باش بولسۇن دەپ، قېشىڭغا كەلدۇق، ــ دېدى.
[9] يەفتاھ گىلىئادنىڭ ئاقساقاللىرىدىن: ــ ئەگەر سىلەر مېنى ئامونىيلار بىلەن سوقۇشۇشقا ياندۇرۇپ بارغىنىڭلاردا، پەرۋەردىگار ئۇلارنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرسا، مەن سىلەرگە باش بولامدىمەن؟ ــ دەپ سورىدى.
[10] گىلىئادنىڭ ئاقساقاللىرى يەفتاھقا جاۋاب بېرىپ: ــ ئېيتقىنىڭدەك قىلمىساق، پەرۋەردىگار ئۆزى ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇپ ھۆكۈم چىقارسۇن! ــ دېدى.
[11] بۇنى ئاڭلاپ يەفتاھ گىلىئادنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن باردى؛ خەلق ئۇنى ئۆزلىرىگە ھەم باش ھەم سەردار قىلىپ تىكلىدى. يەفتاھ مىزپاھقا بارغاندا ھەممە سۆزلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا بايان قىلدى.

## يەفتاھنىڭ تارىختىن دەرس بېرىشى

[12] ئاندىن يەفتاھ ئامونىيلارنىڭ پادىشاھىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن: ــ مېنىڭ زېمىنىمغا بېسىپ كىرىپ، مەن بىلەن سوقۇشۇشقا مەندە نېمە ھەققىڭ بار ئىدى؟ ــ دەپ سورىدى.
[13] ئامونىيلارنىڭ پادىشاھى يەفتاھنىڭ ئەلچىلىرىگە جاۋاب بېرىپ:

11:11 «...**ھەممە سۆزلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا بايان قىلدى**» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھەممە ئىشلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا يۈرگۈزەتتى».

ــ چۈنكى ئىسرائىللار مىسىردىن چىقىپ كەلگەندە ئۇلار ئارنون دەرياسىدىن تارتىپ شىمالدىكى ياببوك ئېقىنىغىچە ۋە غەربتە ئىئوردان دەرياسىغىچە مېنىڭ زېمىنىمنى بۇلاپ ئىگىلىۋالغانىدى. ئەمدى سەن بۇ يەرلەرنى تىنچلىق بىلەن ماڭا ياندۇرۇپ بەر! ــ دېدى.
[14] يەفتاھ ئەلچىلەرنى ئاممونىيلارنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا يەنە ئەۋەتىپ [15] ئۇنىڭغا: ــ يەفتاھ سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسرائىل نە موئابنىڭ زېمىنىنى نە ئاممونىنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىمىدى، [16] بەلكى ئۇلار مىسىردىن چىقىپ كەلگەندە چۆل-باياۋاندا مېڭىپ قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ئاندىن قادەش دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەنىدى؛ [17] شۇ چاغدا ئىسرائىللار ئېدوم پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ: «زېمىنلىرىدىن كېسىپ ئۆتۈۋېلىشقا ئىجازەت بەرگەيلا» دەپ سورىۋىدى، ئېدوم پادىشاھى ئۇنىمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار موئاب پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئىلتىجا بىلەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتسە، ئۇمۇ قوشۇلمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىسرائىللار قادەشتە تۇرۇپ قالغان؛ [18] ئاندىن ئۇلار چۆل-باياۋان بىلەن مېڭىپ ئېدوم زېمىنى بىلەن موئاب زېمىنىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، موئاب زېمىنىنىڭ شەرق تەرىپىدىن كېلىپ، ئاخىرىدا ئارنون دەرياسىنىڭ شۇ قېتىدا چېدىر تىكتى. ئۇلار موئابنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرمىدى؛ چۈنكى ئارنون دەرياسى موئابنىڭ چېگراسىدۇر. [19] ئاندىن ئىسرائىل ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھونغا، يەنى ھەشبونىنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ: «بىزنىڭ زېمىنلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ ئۆز جايىمىزغا بېرىۋېلىشىمىزغا ئىجازەت بەرگەيلا» ــ دېدى.
[20] لېكىن سىھون ئىسرائىلغا ئىشەنچ قىلالماي، يۇرتىدىن ئۆتكىلى قويمىدى؛ ئۇ بەلكى خەلقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، جاھزاھ دېگەن جايغا چۈشۈپ چېدىرگاھ تىكىپ، ئىسرائىل بىلەن ئۇرۇشتى. [21] ئەمما

---

**15:11** چۆل. 13:21؛ قان. 9:2، 19
**17:11** چۆل. 17:20
**19:11** چۆل. 22:21؛ قان. 26:2

ئىسرائىلىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار سىھوننى بارلىق خەلقى بىلەن
قوشۇپ ئىسرائىلىنىڭ قولىغا تاپشۇردى، ئىسرائىللار ئۇلارنى ئۇرۇپ
قىردى. ئاندىن ئىسرائىل شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئامورىيلارنىڭ ھەممە
زېمىنىنى ئىگىلىدى. 22 ئارنون دەرياسىدىن تارتىپ ياببوك ئېقىنىغىچە،
چۆل-باياۋاندىن تارتىپ ئىئوردان دەرياسىغىچە ئامورىيلارنىڭ پۈتكۈل
زېمىنىنى ئىگىلىدى. 23 ئىسرائىلىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئامورىيلارنى
ئۆز خەلقى بولغان ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن قوغلاپ چىقاردى، ئەمدى
سەن شۇ يۇرتقا ئىگە بولماقچىمۇسەن؟ 24 سېنىڭ ئىلاھىڭ قېموش
ساڭا ئىگىلەتكەن يەرگە ئۆزۈڭ ئىگە بولدۇڭغۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش
پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئالدىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن خەلقنىڭ
يېرىگە بولسا، بىزمۇ شۇنىڭغا ئىگە بولىمىز.
25 ئەمدى سەن دەرۋەقە موئابنىڭ پادىشاھى بولغان زىپپورنىڭ ئوغلى
بالاقتىنمۇ كۈچلۈكمۇ؟ ئۇ قاچان ئىسرائىل بىلەن تىركەشكەن ياكى
ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلغان؟ 26 يەنە كېلىپ،
ئىسرائىل ھەشبون ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا-قىشلاقلاردا، ئاروئەر
ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا-قىشلاقلاردا ھەمدە ئارنون دەرياسىنىڭ
بويىدىكى بارلىق شەھەرلەردە ئۈچ يۈز يىل ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان
ۋاقىتلاردا، نېمىشقا سىلەر شۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋالمىدىڭلار؟
27 شۇڭا مەن ساڭا گۇناھ قىلمىدىم، بەلكى ماڭا تاجاۋۇز قىلىپ،
يامانلىق قىلغۇچى سەن ئۆزۈڭدۇرسەن. بىردىنبىر ئادالەت چىقارغۇچى

---

**22:11** قان. 36:2

24:11 **«سېنىڭ ئىلاھىڭ قېموش ساڭا ئىگىلەتكەن يەرگە ئۆزۈڭ ئىگە بولدۇڭغۇ؟»** — يەفتاھنىڭ «ئىلاھىڭ قېموش» دېگىنى ھەرگىزمۇ قېموشنى ھەقىقەتەن «بىر خۇدا» دەپ ئېتىراپ قىلغىنى ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ پەقەت ئىشلارنى ئاممونىيلارنىڭ پادىشاھىنىڭ كۆزقارىشى بويىچە بايان قىلدۇ، خالاس. 27-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**25:11** چۆل. 2:22

26:11 **«ئىسرائىل ھەشبون ... ھەمدە ئارنون دەرياسىنىڭ بويىدىكى بارلىق شەھەرلەردە ئۈچ يۈز يىل ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا»** — بۇ «300 يىل»نىڭ قانداق ھېسابلانغانلىقىنى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىن كۆرۈڭ.

پەرۋەردىگار ئۆزى بۇگۈن ئىسرائىللار بىلەن ئاممونىيلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقارسۇن!» ــ دېدى.
[28] لېكىن ئاممونىيلارنىڭ پادىشاھى يەفتاھنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى تىڭشىمىدى.

## يەفتاھنىڭ قەسەم قىلىشى

[29] شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ روھى يەفتاھنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇ قوۋۇۋەتلىنىپ گىلېئاد بىلەن ماناسسەھلەرنىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ گىلېئادتىكى مىزپاھقا بېرىپ، ئاندىن گىلېئادتىكى مىزپاھدىن ئاممونىيلار تەرەپكە ماڭدى. [30] شۇ چاغدا يەفتاھ پەرۋەردىگارغا قەسەم ئىچىپ: ــ ئەگەر سەن دەرۋەقە ئاممونىيلارنى قولۇمغا تۇتۇپ بەرسەڭ، [31] ئۇنداقتا مەن ئاممونىيلارنىڭ قېشىدىن تىنچ-ئامان يېنىپ كەلگىنىمدە، ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ ماڭا تۇنجى يولۇققىنى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان بولىدۇ، مەن ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىمەن، ــ دېدى.
[32] شۇنىڭ بىلەن يەفتاھ چىقىپ ئاممونىيلار بىلەن سوقۇشقىلى ئۇلار تەرەپكە ئۆتتى؛ پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردى. [33] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاروئەردىن تارتىپ مىننىتقىچە ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇپ قىرىپ، يىگىرمە شەھەرنى ئېلىپ، ئابەل-قېرامىمغىچىمۇ يېتىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئاممونىيلار ئىسرائىلغا بويسۇندۇرۇلدى.
[34] ئاندىن يەفتاھ مىزپاھقا قايتىپ ئۆيىگە كەلگەندە ئۆز قىزى داپ چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئۇنىڭ ئالدىغا كۈتۈۋالغىلى چىقتى. بۇ ئۇنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئوغۇل-قىزى يوق ئىدى. [35] ئۇ ئۇنى كۆرگەندە ئۆز كىيىملىرىنى يىرتىپ: ــ ئاھ، ئاھ، مېنىڭ قىزىم! سەن مېنى ئىنتايىن يامان ھالغا چۈشۈردۈڭ، مېنى دەردكە چۈشۈرگۈچىلەردىن بىرى بولۇپ قالدىڭ؛ چۈنكى مەن پەرۋەردىگارغا

---

31:11 «.... ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ ماڭا تۇنجى يولۇققىنى...» ــ يەفتاھنىڭ مۇشۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى ئەسلىدە ئىنسان ئەمەس، بەلكى بىرەر چارپاي بولسا كېرەك.

ئاغزىمنى ئېچىپ، ئېيتقان گېپىمدىن يېنىۋالالمايمەن، ــ دېدى.
[36] قىزى ئۇنىڭغا: ــ ئەي ئاتا، پەرۋەردىگارغا ئاغزىڭنى ئېچىپ ۋەدە قىلغان بولساڭ، ئاغزىڭدىن چىققىنى بويىچە، ماڭا شۇنى قىلغىن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ بولغان ئاممونىيلاردىن ئىنتىقامىڭنى ئېلىپ بەردى، ــ دېدى.
[37] ئاندىن ئۇ ئاتىسىغا يەنە: ــ مېنىڭ شۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل كۆرگىنكى، ماڭا ئىككى ئايلىق مۆھلەت بەرسەڭ؛ مەن قىز دوستلىرىم بىلەن بېرىپ تاغلاردا يۈرۈپ، قىزلىقىم ئۈچۈن ماتەم تۇتۇۋالاي، ــ دېدى.
[38] ئاتىسى جاۋاب بېرىپ: ــ بارغىن، دېدى. ئۇنىڭغا ئىككى ئايلىق مۆھلەت بېرىپ دالاغا ئەۋەتتى. ئۇ بېرىپ، قىز دوستلىرىنى ئېلىپ تاغلارغا چىقىپ، ئىككى ئايغىچە ئۆزىنىڭ قىز پېتى قالغىنىغا ئاھ-زار كۆتۈرۈپ يىغلاپ يۈردى. [39] شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئىككى ئايدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلگەندە، ئاتىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلغان قەسىمىنى بەجا كەلتۈردى. بۇ قىز بولسا ھېچ ئەر كىشىگە يېقىنلاشمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلدا شۇنداق بىر ئۆرپ-ئادەت پەيدا بولدىكى، [40] ھەر يىلى ئىسرائىلنىڭ قىزلىرى ئۆيىدىن چىقىپ يەفتاھنىڭ قىزىنى تۆت كۈن ئەسلەپ خاتىرىلەيدىغان بولدى.

---

35:11 **«سەن مېنى ئىنتايىن يامان ھالغا چۈشۈردۈڭ، مېنى دەردكە چۈشۈرگۈچىلەردىن بىرى بولۇپ قالدىڭ»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «سەن مېنى بەك پەسكە چۈشۈردۈڭ، مېنى پاراكەندە قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ چىقتىڭ».
37:11 **«...قىزلىقىم ئۈچۈن ماتەم تۇتۇۋالاي»** ــ دېمەك، ئۆي-ئوچاقسىز، پەرزەنتسىز بولۇپ بۇ دۇنيادىن كېتىدىغىنىم ئۈچۈن.
39:11 **«...ئاتىسى يەفتاھ ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلغان قەسىمىنى بەجا كەلتۈردى»** ــ يەفتاھ ئۆز قىزىنى قۇربانلىق قىلدىمۇ؟ ياكى بۇ سۆزلەرنىڭ باشقا مەنىسى بارمۇ؟ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئالىملارنىڭ پىكىرلىرى توغرۇلۇق ئازراق مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.
40:11 **«...يەفتاھنىڭ قىزىنى تۆت كۈن ئەسلەپ خاتىرىلەيدىغان بولدى»** ــ ياكى «... يەفتاھنىڭ قىزىنى تۆت كۈن ئەسلەپ ماتەم تۇتىدىغان بولدى».

## ئىسرائىلدا ھەسەتخورلۇق تۈپەيلىدىن جېدەل پەيدا بولۇشى

12 1 لېكىن ئەفرائىمىيلار بولسا توپلىشىپ زافون تەرەپكە
ئۆتۈپ يەفتاھقا سوئال قويۇپ: ــ سەن ئاممونىيلار بىلەن
جەڭ قىلغىلى بارغىنىڭدا نېمىشقا بىزنى بىللە بېرىشقا
چاقىرمايسەن؟ ئەمدى بىز ئۆيۈڭنى ئۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ ئوتتا
كۆيدۈرىۋېتىمىز، ــ دېدى.
2 يەفتاھ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن بىلەن خەلقىم ئاممونىيلارغا
قارشى قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقاندا، سىلەرنى چاقىرسام، مېنى
ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزمىدىڭلار. 3 سىلەرنىڭ كېلىپ مېنى
قۇتقۇزمايدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ، جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ
قويۇپ، ئاممونىيلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندىم، پەرۋەردىگار
ئۇلارنى قولۇمغا تاپشۇردى. ئەمدى سىلەر نېمىشقا بۈگۈن كېلىپ
ماڭا ھۇجۇم قىلماقچىسىلەر؟ ــ دېدى.
4 لېكىن ئەفرائىملار گىلېئادلارنى ھاقارەتلەپ: ــ سىلەر ئى
گىلېئادلار، ئەفرائىمنىڭ ئارىسىدا ۋە ماناسسەھنىڭ ئارىسىدا
تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلار، ئەفرائىمدا تۇرۇۋاتقان قاچقۇنسىلەر،
خالاس! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن يەفتاھ بارلىق گىلېئادتىكىلەرنى
يىغىپ ئەفرائىم بىلەن سوقۇشتى. ئۇلار ئەفرائىملارنى ئۇرۇپ
قىرىپ مەغلۇپ قىلدى. 5 ئاندىن گىلېئادتىكىلەر ئىئوردان
دەرياسىنىڭ كېچىكلىرىنى توسۇپ، ئەفرائىملارنى ئۆتكۈزمىدى.
شۇنداق بولدىكى، ئەفرائىملىق بىرەر قاچقۇن كېچىككە كېلىپ:
ــ مېنى ئۆتكىلى قويغىن، دېسە گىلېئادتىكىلەر ئۇنىڭدىن: ــ

---

1:12 **«...زافون تەرەپكە ئۆتۈپ...»** ــ ياكى «شىمال تەرەپكە ئۆتۈپ...».

1:12 ھاك. 1:8.

3:12 **«...ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «...ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتتۇم». مەلۇم بىر دەريا-ئۆستەڭدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك.

4:12 **«سىلەر ئى گىلېئادلار، ئەفرائىمنىڭ ئارىسىدا ۋە ماناسسەھنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلار، ئەفرائىمدا تۇرۇۋاتقان قاچقۇنسىلەر، خالاس!»** ــ گىلېئادلار ئەسلىدە ماناسسەھ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانىدى.

سەن ئەفرائىمىيمۇ؟ ــ دەپ سورايتتى. ئۇ كىشى «ياق» دېسە، [6] ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ «شىبولەت» دېگىن! ــ دەيتتى. ئەگەر ئۇ كىشى ناتوغرا تەلەپپۇز قىلىپ «سىبولەت» دەپ جاۋاب بېرىپ قالسا، ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ ئىئوردان دەرياسىنىڭ كېچىكلىرىنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇ تەرىقىدە شۇ ۋاقىتتا قىرىق ئىككى مىڭچە ئەفرائىمىي ئۆلتۈرۈلدى.

[7] يەفتاھ ئالتە يىل ئىسرائىلغا هاكىم بولدى. ئاندىن گىلېئادلىق يەفتاھ ئالەمدىن ئۆتۈپ، گىلېئاد شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە دەپنە قىلىندى.

## ئىبزاننىڭ هاكىم بولۇشى

[8] ئۇنىڭدىن كېيىن بەيت-لەھەملىك ئىبزان ئىسرائىلغا هاكىم بولدى. [9] ئۇنىڭ ئوتتۇز ئوغلى، ئوتتۇز قىزى بولۇپ، ئوتتۇز قىزىنى سىرتقا ئەرگە بېرىپ، سىرتتىن ئوتتۇز قىزنى ئوغۇللىرىغا ئېلىپ بەردى. ئۇ يەتتە يىلغىچە ئىسرائىلغا هاكىم بولدى. [10] ئاندىن ئىبزان ئۆلۈپ، بەيت-لەھەمدە دەپنە قىلىندى.

## ئېلون ۋە ئابدوننىڭ هاكىم بولۇشى

[11] ئۇنىڭدىن كېيىن زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن بولغان ئېلون ئىسرائىلغا هاكىم بولۇپ، ئون يىل ئىسرائىلدا هۆكۈم سۈردى.

---

5:12 **«ئاندىن گىلېئادتىكىلەر ئىئوردان دەرياسىنىڭ كېچىكلىرىنى تۇسۇپ، ئەفرائىملارنى ئۆتكۈزمىدى»** ــ ياكى «ئاندىن گىلېئادتىكىلەر ئەفرائىمنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىئوردان دەرياسىنىڭ كېچىكلىرىنى تۇسۇۋالدى».

6:12 **«شىبولەت»** ــ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئېقىن» ياكى «كەلكۈن» بولۇپ، مۇشۇ ۋاقىتلاردا پەقەت كېچىككە يەتكەن ئادەملەرنىڭ تەلەپپۇزىنى سىناش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، خالاس. روشەنكى، ئەفرائىمىيلار ئادەتتە «ش»نىڭ تەلەپپۇزىنى چىقارالمايتتى. **«سىبولەت»** ــ بۇنىڭ مەنىسى «بۇغداي باشىقى».

9:12 **« ئىبزاننىڭ ئوتتۇز ئوغلى، ئوتتۇز قىزى بولۇپ...»** ــ روشەنكى، ئىبزان يەفتاھقا ئوخشىمايتتى، ئۇ كۆپ ئاياللىق بولغانىدى.

[12] ئاندىن زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن بولغان ئېلون ئۆلۈپ، زەبۇلۇن زېمىنىدىكى ئايجالون دېگەن جايدا دەپنە قىلىندى.
[13] ئۇنىڭدىن كېيىن پىراتونلۇق ھىللەلنىڭ ئوغلى ئابدون ئىسرائىلغا ھاكىم بولدى. [14] ئۇنىڭ قىرىق ئوغلى ۋە ئوتتۇز نەۋرىسى بار ئىدى. ئۇلار يەتمىش ئېشەككە مىنىپ ماڭاتتى. ئۇ ئىسرائىلغا سەككىز يىل ھاكىم بولدى. [15] ئاندىن پىراتونلۇق ھىللەلنىڭ ئوغلى ئابدون ئۆلۈپ، ئەفرائىم زېمىنىدا، ئامالەكلەرنىڭ تاغلىق رايونىدىكى پىراتون دېگەن جايدا دەپنە قىلىندى.

## شىمشوننىڭ تۇغۇلۇشى

13 [1] لېكىن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يەنە رەزىل بولغاننى قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇلارنى قىرىق يىلغىچە فىلىستىيلەرنىڭ قولىغا تاشلاپ قويدى.

[2] شۇ چاغدا زورېئاھ دېگەن جايدا، دان جەمەتىدىن بولغان، مانوئاھ ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى تۇغماس بولۇپ، ھېچ بالىسى يوق ئىدى. [3] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بۇ ئايالغا ئايان بولۇپ ئۇنىڭغا: ــ مانا، سەن تۇغماس بولغىنىڭ ئۈچۈن بالا تۇغمىدىڭ؛ لېكىن ئەمدى سەن ھامىلىدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىسەن. [4] ئەمما سەن سەگەك بولۇپ، شاراب ياكى كۈچلۈك ھاراق ئىچمە، ھېچ ناپاك نەرسىنىمۇ يېمىگىن.
[5] چۈنكى مانا، سەن ھامىلىدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىسەن. بۇ بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىن تارتىپ خۇداغا ئاتالغان «نازارىي» بولىدىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بېشىغا ھەرگىز ئۇستىرا

14:12 ھاك. 4:10
1:13 ھاك. 2:11؛ 3:7؛ 4:1؛ 6:1؛ 10:6
4:13 چۆل. 6:2، 3

سىلىنىمىسۇن. ئۇ ئىسرائىلنى فىلىستىيلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئىشىنى باشلايدۇ، ــ دېدى.

[6] ئايال ئېرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: ــ مانا، خۇدانىڭ بىر ئادىمى
يېنىمغا كەلدى؛ ئۇنىڭ تۇرقى خۇدانىڭ پەرىشتىسىدەك، ئىنتايىن
دەھشەتلىك ئىكەن؛ لېكىن مەن ئۇنىڭدىن: «نەدىن كەلدىڭ» دەپ
سورىمىدىم، ئۇمۇ ئۆز نام-شەرىپىنى ماڭا دەپ بەرمىدى. [7] ئۇ ماڭا: ــ
«مانا، سەن ھامىلىدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىسەن؛ ئۇ بالا ئانىسىنىڭ
قورسىقىدىكى چاغدىن تارتىپ ئۆلىدىغان كۈنىگىچە خۇداغا ئاتالغان
بىر نازارىي بولىدىغان بولغاچقا، ئەمدى سەن شاراب ياكى كۈچلۈك
ھاراق ئىچمە ۋە ھېچ ناپاك نەرسىنىمۇ يېمىگىن» دېدى، ــ دېدى.
[8] بۇنى ئاڭلاپ مانوئاھ پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ: ــ ئاھ رەببىم، سەن
بۇ يەرگە ئەۋەتكەن خۇدانىڭ ئادىمى بىزگە يەنە كېلىپ، تۇغۇلىدىغان
بالىغا نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ قويسۇن، دەپ
ئىلتىجا قىلدى.
[9] خۇدا مانوئاھنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىدى؛ ئايال ئېتىزلىقتا ئولتۇرغىنىدا،
خۇدانىڭ پەرىشتىسى يەنە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېرى
مانوئاھ ئۇنىڭ قېشىدا يوق ئىدى. [10] ئاندىن ئايال دەرھال يۈگۈرۈپ
بېرىپ، ئېرىگە خەۋەر بېرىپ: ــ مانا، ھېلىقى كۈنى يېنىمغا كەلگەن
ئادەم ماڭا يەنە كۆرۈندى، دېۋىدى، [11] مانوئاھ دەرھال قوپۇپ ئايالىنىڭ
كەينىدىن مېڭىپ، ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ــ بۇ ئايالغا كېلىپ
سۆز قىلغان ئادەم سەنمۇ؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئۇ جاۋابەن: ــ شۇنداق،
مەندۇرمەن، دېدى.

---

5:13 **«نازارىي»** ــ خۇدانىڭ يولىغا ئالاھىدە ئاتالغان بىر كىشى. ئۇلار توغرۇلۇق «چۆل.» 6-باب ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

5:13 چۆل. 5:6؛ 1سام. 11:1

6:13 **«خۇدانىڭ پەرىشتىسىدەك»** ــ ئايال كۆرگەن مۇشۇ پەرىشتىنىڭ «خۇدانىڭ پەرىشتىسى» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» (دېمەك، مەسىھ) دېگەن زاتنىڭ ئۆزى («تەبىرلەر»ىمىزنى ۋە كېيىنكى 16-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**12 مانوئاھ ئۇنىڭدىن: ــ ئېيتقان سۆزلىرىڭ بەجا كەلتۈرۈلگەندە، بالا
قايسى تەربىيىدە چوڭ قىلىنىشى كېرەك، ئۇ نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟
ــ دەپ سورىدى.
13 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى مانوئاھقا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن بۇ
ئايالغا ئېيتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۇ ھېزى بولۇپ ئۆزىنى
تارتسۇن؛ 14 ئۇ ئۈزۈم تېلىدىن چىققان ھېچقانداق نەرسىدىن يېمىسۇن،
شاراب ياكى كۈچلۈك ھاراق ئىچمىسۇن، ھېچ ناپاك نەرسىلەردىن
يېمىسۇن؛ مەن ئۇنىڭغا بارلىق ئەمر قىلغىنىمنى تۇتسۇن، دېدى.
15 مانوئاھ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىگە: ــ ئىلتىپات قىلىپ، كەتمەي
تۇرسىلا، ئۆزلىرىگە بىر ئوغلاق تەييارلايلى، دېۋىدى، 16 پەرۋەردىگارنىڭ
پەرىشتىسى مانوئاھقا جاۋاب بېرىپ: ــ سەن مېنى تۇتۇپ قالساڭمۇ،
مەن نېنىڭدىن يېمەيمەن؛ ئەگەر سەن بىرەر كۆيدۈرمە قۇربانلىق
سۇنماقچى بولساڭ، ئۇنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنۇشۇڭ كېرەك، دېدى
(ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى، مانوئاھ ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ
پەرىشتىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىدى).
17 ئاندىن مانوئاھ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىدىن: ــ ئۆزلىرىنىڭ
نام-شەرىپى نېمىدۇ؟ ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا، سۆزلىرى ئەمەلگە
ئاشۇرۇلغىنىدا، سىلىگە ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرەتتۇق، ــ دېدى.
18 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ نامىمنى سوراپ
قالدىڭغۇ؟ مېنىڭ نامىم كارامەت تىلسىماتتۇر، ــ دېدى.
19 شۇنىڭ بىلەن مانوئاھ ئوغلاق بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسىنى ئېلىپ
بېرىپ ئۇنى قورام تاشنىڭ ئۈستىدە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇندى.
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ كارامەت
بىر ئىشنى قىلىپ كۆرسەتتى؛ مانوئاھ ۋە ئايالى قاراپ تۇردى. 20 شۇنداق**

18:13 **«نامىمنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ مېنىڭ نامىم كارامەت تىلسىماتتۇر»** ــ مانوئاھ ئۆز دۇئاسىغا جاۋابەن كەلگەن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنى ئىنسان دەپ ئويلايدۇ. «كارامەت تىلسىمات» دېگەن مۇشۇ سۈپەت ئىبرانىي تىلدا («پەلە») پەقەت خۇدانىڭ ئۆزىنى ياكى ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

بولدىكى، ئوت يالقۇنى قۇربانگاھتىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە،
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسمۇ قۇربانگاھتىن چىققان ئوت يالقۇنى
ئىچىدە يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. مانوئاھ بىلەن ئايالى بۇنى كۆرۈپ،
ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ يۈزلىرىنى يەرگە يىقىپ دۈم ياتتى.
[21] شۇنىڭدىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى مانوئاھقا ۋە ئۇنىڭ
ئايالىغا قايتا كۆرۈنمىدى. مانوئاھ شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ
پەرىشتىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. [22] ئاندىن مانوئاھ ئايالىغا: ــ مانا،
بىز چوقۇم ئۆلىمىز، چۈنكى بىز خۇدانى كۆردۇق! ــ دېدى.
[23] لېكىن ئايالى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئەگەر پەرۋەردىگار بىزنى
ئۆلتۈرۈشكە لايىق كۆرگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق
بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسىنى قولىمىزدىن قوبۇل قىلمىغان بولاتتى، بۇ
ئىشنىمۇ كۆرسەتمىگەن بولاتتى ۋە شۇنداقلا بۇنداق سۆزلەرنى بىزگە
ئېيتمىغان بولاتتى، ــ دېدى.
[24] شۇ ئىشتىن كېيىن ئايال بىر ئوغۇل تۇغدى، ئۇنىڭ ئىسمىنى
شىمشون قويدى. بۇ بالا ئۆسۈپ، چوڭ بولدى ۋە پەرۋەردىگار ئۇنى
بەرىكەتلىدى.
[25] زورېئاھ بىلەن ئەشتائولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماھانەھ-داندا
پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇنىڭغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

## شىمشوننىڭ فىلىستىي بىر قىزنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇشى

14 [1] بىر ۋاقىتتا، شىمشون تىمناھقا چۈشۈپ، ئۇ يەردە بىر قىزنى
كۆردى؛ ئۇ فىلىستىي قىزلىرىدىن بىرى ئىدى. [2] ئۇ شۇ يەردىن
چىقىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ: ــ مەن تىمناھدا فىلىستىي

22:13 مىس. 20:33؛ قان. 26:5؛ ھاك. 22:6، 23
24:13 **«شىمشون»** ــ «قۇياشتەك (كىچىك)» ياكى «روشەن، پارلىق ئادەم».
24:13 ئىبر. 32:11
25:13 **«ماھانەھ-دان»** ــ ياكى «داننىڭ بارگاھى».
1:14 **«تىمناھ»** ــ ياكى «تىمناتاھ».

قىزلىرىدىن بىرىنى كۆردۈم، ئۇنى ماڭا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى.
[3] ىبراق ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا: — قېرىنداشلىرىڭنىڭ قىزلىرىنىڭ
ئىچىدە ياكى بىزنىڭ پۈتكۈل قوۋمىمىزنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بىر قىز
چىقماسمۇ؟ نېمىشقا خەتنىسىز بولغان فىلىستىيلەرنىڭ قېشىغا
بېرىپ، ئۇلاردىن خوتۇن ئالماقچى بولىسەن؟ — دېدى؛ ئەمما شىمشون
ئاتىسىغا: — ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەرگىن، چۈنكى ئۇ ماڭا بەك ياقتى، —
دېدى.
[4] ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ ئىشنىڭ پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بولغىنىنى
بىلمىدى. چۈنكى فىلىستىيلەر شۇ چاغدا ئىسرائىل ئۈستىدىن
ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇ فىلىستىيلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا
پۇرسەت ياراتماقچى ئىدى.
[5] ئەمدى شىمشون ئاتا-ئانىسى بىلەن تىمناھقا چۈشتى؛ ئۇلار
تىمناھدىكى ئۈزۈمزارلىقلارغا يېتىپ كەلگەندە، مانا بىر ياش شىر
ھۆركىرىگەن پېتى ئۇنىڭغا ئېتىلدى. [6] شۇئان پەرۋەردىگارنىڭ روھى
ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇ قولىدا ھېچنېمە بولمىغان ھالەتتە شىرنى
تۇتۇپ، ئۇنى ئوغلاقنى يىرتقاندەك يىرتىپ تىتما-تىتما قىلىۋەتتى.
لېكىن ئۇ بۇ ئىشنى ئاتا-ئانىسىغا دېمىدى. [7] ئاندىن ئۇ تىمناھقا
چۈشۈپ، ئۇ قىز بىلەن پاراڭلاشتى، ئۇ قىز شىمشونغا بەك ياراپ كەتتى.
[8] بىرمەزگىلدىن كېيىن ئۇ قىزنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قايتا بارغاندا،

3:14 **«بىزنىڭ پۈتكۈل قوۋمىمىزنىڭ ئارىسىدىن...»** — ئىبرانىي تىلىدا «مېنىڭ پۈتكۈل قوۋمىم ئارىسىدىن...».

4:14 **«...ياراتماقچى ئىدى»** — ئىبرانىي تىلىدىكى مۇشۇ سۆز ئادەتتە «ئىزدىمەكچى ئىدى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مۇمكىنچىلىكى باركى، خۇدانىڭ روھى شىمشوننى تېزرەك فىلىستىيلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قوزغىغىنى بىلەن، لېكىن ئۇ خۇدانىڭ روھىنىڭ شۇ تۈرتكىسىگە تېخىچە ئېنىتۋار قىلماي ئاتاتتى

6:14 **«لېكىن شىمشون بۇ ئىشنى ئاتا-ئانىسىغا دېمىدى»** — شىمشون «نازارىي» بولغاچقا، ھېچقانداق ئۈزۈمدىن بولغان نەرسىنى يېمەسلىكى كېرەك ئىدى. شۇڭا شىمشون ئۈزۈمزارلىق بىلەن ماڭماي، ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ ماڭغان بولسا كېرەك. لېكىن ئاتا-ئانىسى «نازارىي» بولمىغاچقا ئۈزۈمزارلىقتىن ئۇدۇل ئۆتسە بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن شىمشوننىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ شىرنى ئۆلتۈرگىنىنى بىلمىدى.

شىرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ باقاي دەپ يولدىن بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، مانا
شىرنىڭ ئىسكىلىتىنىڭ ئىچىدە بىر توپ ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن
ھەسەل تۇراتتى. 9 ئۇ ھەسەلدىن ئوچۇمىغا ئېلىپ يەپ ماڭدى؛ ئاتا-
ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلارغىمۇ بەردى، ئۇلارمۇ يېدى،
لېكىن ئۆزىنىڭ ھەسەلنى شىرنىڭ ئىسكىلىتىنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ
كەلگىنىنى ئۇلارغا دېمىدى. 10 ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ
چۈشۈپ قىزنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇ يەردە شىمشون بىر زىياپەت بەردى،
چۈنكى بۇرۇندىنلا توي قىلىدىغان يىگىتلەر شۇنداق قىلىدىغان
رەسىم-قائىدە بار ئىدى. 11 ئۇلار شىمشوننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ
بولۇشقا ئوتتۇز يىگىتنى تېپىپ كەلدى؛ ئۇلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.
12 شىمشون ئۇلارغا: — مەن سىلەردىن بىر تېپىشماق سوراي، ئەگەر سىلەر
زىيارەت قىلىنىدىغان يەتتە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ مەنىسىنى ماڭا دەپ
بېرەلىسەڭلار، مەن سىلەرگە ئوتتۇز دانە كاناپ كۆينەك بىلەن ئوتتۇز
يۇرۇش ئېگىن بېرىمەن؛ 13 ئەگەر ئۇنى يېشىپ بېرەلمىسەڭلار، سىلەر
ماڭا ئوتتۇز دانە كاناپ كۆينەك بىلەن ئوتتۇز يۇرۇش ئېگىن بېرىڭلار،
— دېدى. ئۇلار ئۇنىڭغا: — ماقۇل، ئۇنداق بولسا تېپىشمىقىڭنى
ئېيتقىن، قېنى ئاڭلايلى، — دېدى.
14 ئۇ ئۇلارغا: — يېيىلىدىغىنى يېگۈچىنىڭ ئىچىدىن چىقتى؛
تاتلىق كۈچتۈڭگۈرنىڭ ئىچىدىن چىقتى، بۇ نېمە؟ — دېدى. ئۇلار
ئۈچ كۈنگىچە بۇ تېپىشماقنى تاپالمىدى. 15 يەتتىنچى كۈنى شۇنداق
بولدىكى، ئۇلار شىمشوننىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىپ: — سەن
ئېرىڭنى ئالداپ-سىلاپ، تېپىشماقنىڭ مەنىسىنى بىزگە ئېيتىپ
بېرىشكە ماقۇل قىلغىن؛ بولمىسا سېنى ئاتاڭنىڭ ئۆيى بىلەن
قوشۇپ كۆيدۈرۋېتىمىز. سىلەر بىزنى يوقسۇل قىلىشقا بۇ يەرگە
چاقىرغانمۇ؟! — دېدى.

---

11:14 **«...ئوتتۇز يىگىتنى تېپىپ كەلدى»** — شىمشۇننىڭ تويىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشقا چاقىرغان بولسا كېرەك.

15:14 **«يەتتىنچى كۈنى...»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «تۆتىنچى كۈنى...» دېيىلىدۇ.

[16] شىمشوننىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ: ــ سەن ماڭا ئۆچ، مېنى پەقەت سۆيمەيسەن؛ سەن مېنىڭ قوۋمىمنىڭ بالىلىرىدىن بىر تېپىشماقنى سورىدىڭ، ئەمما ماڭا مەنىسىنى ئېيتىپ بەرمىدىڭ، دەپ يىغلىغىلى تۇردى. شىمشون ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ مانا، مەن ئۇنى ئاتا-ئانامغىمۇ دەپ بەرمىگەن تۇرسام، ساڭا دەپ بېرەمدىمەن؟ ــ دېدى.
[17] زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن يەتتە كۈندە ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىدا يىغلاپلا يۈردى. شۇنداق بولدىكى، يەتتىنچى كۈنى بولغاندا ئايالى ئۇنى قىستاپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇنىڭغا تېپىشماقنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن ئايال بېرىپ ئۆز خەلقىنىڭ ئادەملىرىگە تېپىشماقنىڭ مەنىسىنى دەپ بەردى. [18] شۇنىڭ بىلەن يەتتىنچى كۈنى كۈن پاتماستا، شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ ھەسەلدىنمۇ تاتلىقى بارمۇ؟ شىردىنمۇ كۈچتۈڭگۈرى بارمۇ؟ ــ دېدى.
ئۇ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئىنىكىم بىلەن يەر ئاغدۇرمىغان بولساڭلار، تېپىشمىقىمنى ھەرگىز تاپالمايتتىڭلار! ــ دېدى.
[19] ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى؛ ئۇ ئاشكېلونغا چۈشۈپ، ئاشكېلوندىكىلەردىن ئوتتۇز كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلاردىن ئولجا ئېلىپ، ئولجىدىن ئىگىنلەرنى ئېلىپ كېلىپ، تېپىشماقنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرگەنلەرگە بەردى. شۇنىڭدەك شىمشوننىڭ غەزىپى كېلىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەتتى.
[20] ئاندىن شىمشوننىڭ ئايالى شىمشوننىڭ ھەمراھلىرىدىن قولداش بولغان يىگىتكە تەۋە قىلىندى.

---

17:14 **«زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن يەتتە كۈندە ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىدا يىغلاپلا يۈردى»** ــ ياكى «زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن يەتتە كۈنلۈك زىياپەتنىڭ قالغان ۋاقتىدا ئۇ ئۇنىڭغا (شىمشونغا) ئېشىلىۋېلىپ يىغلاپلا تۇردى».

19:14 **«ئاشكېلون»** ــ فىلىستىيلەرنىڭ چوڭ بىر شەھىرى.

20:14 **«قولداش بولغان يىگىتكە...»** ــ ياكى «ئۆزىگە ئاغىنە قىلغان يىگىتكە».

## شىمشوننىڭ فىلىستىيلەر بىلەن قارشىلىشىشقا باشلىشى

15 [1] ئەمما بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ بۇغداي ئورۇش مەزگىلى
كەلگەندە شۇنداق بولدىكى، شىمشون بىر ئوغلاقنى ئېلىپ
ئۆز ئايالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: «مەن خوتۇنۇمنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ
ھۇجرىسىغا كىرىمەن» دېدى. لېكىن ئايالىنىڭ ئاتىسى ئۇنى
ئىچكىرىگە كىرىشكە يول قويمىدى. [2] قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا: ــ مەن
ھەقىقەتەن سىزنى ئۇنىڭغا مۇتلەق ئۆچ بولۇپ كەتتى، دەپ ئويلىدىم؛
شۇڭا مەن ئۇنى سىزنىڭ قولدىشىڭىزغا بېرىۋەتكەنىدىم. ھالبۇكى،
ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ چىرايلىققۇ؟ ئۇنىڭ
ئورنىغا شۇنى ئالغان بولسىڭىز! ــ دېدى.
[3] ئەمما شىمشون ئۇلارغا: ــ ئەمدى مەن بۇ قېتىم فىلىستىيلەرگە
زىيان يەتكۈزسەم، ماڭا گۇناھ بولمايدۇ! ــ دېدى.
[4] شۇنى دەپ شىمشون بېرىپ ئۈچ يۈز چىلبۆرىنى تۇتۇپ كېلىپ،
ئوتقاشلارنى تەييارلاپ، چىلبۆرىلەرنى جۈپلەپ قۇيرۇقلىرىنى بىر-
بىرىگە چېتىپ، ئىككى قۇيرۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىردىن ئوتقاشنى
ئاستى؛ [5] ئوتقاشلارغا ئوت يېقىپ چىلبۆرىلەرنى ئېلىپ بېرىپ،
فىلىستىيلەرنىڭ ئېتىزدىكى ئورمىغان زىرائەتلىرىگە قويۇپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۆۋە-دۆۋە ئۆنچىلەرنى، ئورۇلمىغان زىرائەتلەرنى،
شۇنداقلا زەيتۇن باغلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتتى. [6] فىلىستىيلەر بۇنى
كۆرۈپ: بۇنى كىم قىلدى، ــ دەپ سورىسا، خەلق جاۋاب بېرىپ: ــ
تىمناھلىق ئادەمنىڭ كۈيئوغلى شىمشون قىلدى؛ قېيىنئاتىسى ئۇنىڭ
ئايالىنى ئۇنىڭ قولدىشىغا بېرىۋەتكىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى، ــ

---

2:15 **«...ئۇنى سىزنىڭ قولدىشىڭىزغا بېرىۋەتكەنىدىم»** ــ ياكى «ئۇنى سىنىڭ ئاغىنەڭگە بېرىۋەتكەنىدىم».

4:15 **«ئۈچ يۈز چىلبۆرە»** ــ بەزى تەرجىمىلەردە «ئۈچ يۈز تۈلكە» دېيىلىدۇ. لېكىن چىلبۆرىلەر توپ بولۇپ يۈرگەچكە، ئازراق گۆشنى يەمچۈك قىلىش بىلەن ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش تۈلكىلەرنى تۇتۇۋېلىشتىن كۆپ ئاسان بولىدۇ.

5:15 **«ئېتىزدىكى ئورمىغان زىرائەتلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئېتىزدىكى ئۆرە تۇرغان زىرائەتلىرى» ــ دېمەك، پىشاي دەپ قالغان زىرائەتلەر.

دېدى. شۇنىڭ بىلەن فىلىستىيلەر چىقىپ، ئۇ ئايال بىلەن ئاتىسىنى
ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتتى.
[7] شىمشون ئۇلارغا: ــ سىلەر شۇنداق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، مەن
سىلەردىن ئىنتىقام ئالماي بولدى قىلمايمەن، ــ دېدى.
[8] شۇنىڭ بىلەن شىمشون ئۇلارنى قىر-چاپ قىلىپ قەتل قىلىۋەتتى؛
ئاندىن ئۇ بېرىپ ئېتام قورام تېشىنىڭ ئۆڭكۈرىدە تۇردى.
[9] ئۇ ۋاقىتتا فىلىستىيلەر چىقىپ، يەھۇدا يۇرتىدا چېدىر تىكىپ،
لېھى دېگەن جايدا يېيىلدى. [10] يەھۇدالار بولسا: ــ نېمىشقا بىزگە
ھۇجۇم قىلماقچى بولىسىلەر؟ ــ دېۋىدى، ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ بىز
شىمشوننى تۇتۇپ باغلاپ، ئۇ بىزگە قانداق قىلغان بولسا، بىزمۇ
ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىمىز، دەپ چىقتۇق، ــ دېدى.
[11] شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا يۇرتىدىكى ئۈچ مىڭ كىشى ئېتام قورام
تېشىنىڭ ئۆڭكۈرىگە چۈشۈپ، شىمشونغا: ــ سەن فىلىستىيلەرنىڭ
ئۈستىمىزدىن ھۆكۈم سۈرۈۋاتقىنىنى بىلمەمسەن؟ شۇنى بىلىپ
تۇرۇپ، سەن نېمىشقا بىزگە شۇنداق قىلدىڭ؟ ــ دېدى. ئۇ ئۇلارغا: ــ
ئۇلار ماڭا قىلغاندەك، مەنمۇ ئۇلارغا قىلدىم، دەپ جاۋاب بەردى.
[12] ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ بىز سېنى باغلاپ فىلىستىيلەرنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق، دېۋىدى، شىمشون ئۇلارغا: ــ
«بىز ئۆزىمىز ساڭا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرمەيمىز»، دەپ ماڭا قەسەم
قىلىڭلار، دېدى.
[13] ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ سېنى ئۆلتۈرمەيمىز؛ پەقەت سېنى چىڭ باغلاپ،
ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز؛ ھەرگىز ئۆلۈمگە مەھكۇم
قىلمايمىز، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنى دەپ ئۇلار ئىككى يېڭى ئارغامچا
بىلەن ئۇنى باغلاپ، قورام تاشنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ ماڭدى. [14] ئۇ
لېھىگە كەلگەندە، فىلىستىيلەر ۋارقىراشقىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا

---

8:15 **«شىمشون ئۇلارنى قىر-چاپ قىلىپ قەتل قىلىۋەتتى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «شىمشون ئۇلارنى يوتا ۋە پاچاقلىرىغا ئۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى».

9:15 **«لېھى دېگەن جايدا يېيىلدى»** ــ ياكى «لېھى دېگەن جايدا جەڭگە سەپ تۈزدى».

يۇگۇرۇشۇپ كەلدى. ئەمما پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە
چۈشۈپ، قوللىرىنى باغلىغان ئارغامچىلار ئوت تۇتاشقان كەندىر
يىپتەك ئۈزۈلۈپ، توكۈلچىلەر قوللىرىدىن يېشىلىپ كەتتى. 15 ئاندىن
ئۇ ئېشەكنىڭ يېڭى بىر ئېڭەك سۆڭىكىنى كۆرۈپ، قولىنى ئۇزىتىپلا
ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مىڭ ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.
16 شىمشون: ــ
«ئېشەكنىڭ بىر ئېڭەك سۆڭىكى بىلەن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ،
ئۇلارنى دۆۋە-دۆۋە قىلىۋەتتىم،
ئېشەكنىڭ بىر ئېڭەك سۆڭىكى بىلەن مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردۈم!» ــ دېدى.
17 بۇلارنى دەپ ئېشەكنىڭ ئېڭەك سۆڭىكىنى تاشلىۋەتتى. شۇنىڭدەك
ئۇ شۇ جايغا «راموت-لېھى» دەپ نام قويدى.
18 ئۇ ئىنتايىن ئۇسساپ پەرۋەردىگارغا پەرياد قىلىپ: ــ سەن ئۆز
قۇلۇڭنىڭ قولى بىلەن بۇنچە چوڭ نۇسرەتنى بارلىققا كەلتۈردۈڭ،
ئەمدى مەن ھازىر ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ، خەتنىسىزلەرنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قالارمەنمۇ؟ ــ دېدى.
19 شۇنىڭ بىلەن خۇدا لېھىدىكى ئازگالنى ياردى، سۇ ئۇنىڭدىن ئۇرغۇپ
چىقتى. شىمشون ئىچىپ، روھى ئۇرغۇپ جان كىردى. بۇ سەۋەبتىن بۇ
بۇلاققا «ئەن-ھاككورە» دەپ نام قويۇلدى؛ تا بۈگۈنگىچە ئۇ لېھىدا بار.
20 شىمشون فىلىستىيلەرنىڭ دەۋرىدە يىگىرمە يىلغىچە ئىسرائىلغا
ھاكىم بولدى.

15:15 **«ئۇ ئېشەكنىڭ يېڭى بىر ئېڭەك سۆڭىكىنى كۆرۈپ...»** ــ كونا سۆڭەك بولغان بولسا، چۈرۈكلىكىدىن ئاسانلا سۇنۇپ كەتكەن بولاتتى.

16:15 **«ئۇلارنى دۆۋە-دۆۋە قىلىۋەتتىم»** ــ ياكى «ئۇلارنى ئىككى دۆۋە قىلىۋەتتىم». بۇ شېئىردىن قارىغاندا، شىمشون ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قېتىم فىلىستىيلەر بىلەن سوقۇشقان بولۇشى مۇمكىن.

17:15 **«راموت-لېھى»** ــ «لېھىنىڭ ئېگىزلىكى».

**18:15** 1سام. 26:17، 36؛ 2سام. 2:1

19:15 **«ئەن-ھاققورە»** ــ «پەرياد كۆتۈرگۈچىنىڭ بۇلىقى».

20:15 **«شىمشون .... يىگىرمە يىلغىچە ئىسرائىلغا ھاكىم بولدى»** ــ شىمشوننىڭ ھاكىم بولغان ۋاقتى بەلكىم ئابىمەلەك ۋە يەفتاھنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلىرى بىلەن زاماندىش بولسا كېرەك؛ ئۇ پەلەستىننىڭ غەربىدە، ئۇلار شەرق ۋە شىمالىدا ھۆكۈم سۈرەتتى.

## شىمشوننىڭ مەغلۇپ بولۇشى

16 [1] ئاندىن شىمشون گازاغا باردى، ئۇ ئۇ يەردە بىر پاھىشە ئايالنى
كۆرۈپ، كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلدى. [2] لېكىن
گازالىقلار بىرسىنىڭ: ــ شىمشون بۇ يەرگە كەلدى، دېگىنىنى ئاڭلاپ،
شەھەرنى قورشاپ، كېچىچە شەھەرنىڭ قوۋۇقىدا ئۇنى چىقارماي ماراپ
تۇردى ۋە: ئەتە تاڭ يورۇغاندا ئۇنى ئۆلتۈرىمىز، ــ دېيىشتى.
[3] شىمشون يېرىم كېچىگىچە ياتتى؛ ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ شەھەر
قوۋۇقىنىڭ ئىككى قانىتىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئىككى كېشىكى ۋە
بالداق-تاقىقى بىلەن قوشۇپ، بىراقلا قومۇرۇپ، ئۆشنىسىگە ئارتىپ
ھېبروننىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.
[4] كېيىن ئۇ سورەك جىلغىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دېلىلاھ ئىسىملىك
بىر ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. [5] بۇنى بىلىپ
فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ــ
سەن ئۇنى ئالداپ، ئۇنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكىنىڭ زادى نەدىن بولغانلىقىنى
كولاپ سوراپ، بىزنىڭ قانداق قىلساق ئۇنى يېڭەلەيدىغانلىقىمىزنى،
ئۇنى باغلاپ بويسۇندۇرالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بەرسەڭ، بىز
ھەربىرىمىز ساڭا بىر مىڭ بىر يۈز كۈمۈش تەڭگە بېرىمىز، ــ دېدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن دېلىلاھ شىمشوندىن: ــ سەن كۈچتۈڭگۈرلۈكۈڭنىڭ
زادى نەدىن بولغانلىقىنى، شۇنداقلا قانداق قىلغاندا سېنى باغلاپ
بويسۇندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن! ــ دېدى.
[7] شىمشون ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ ئادەملەر مېنى يەتتە تال قۇرۇتۇلمىغان
يېڭى يا كىرىچى بىلەن باغلىسا، مەن ئاجىزلاپ باشقا ئادەملەردەك
بولۇپ قالىمەن، ــ دېدى.

3:16 **«ھېبروننىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغ»** ــ بەلكىم گازادىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى.

7:16 **«ئادەملەر مېنى يەتتە تال قۇرۇتۇلمىغان يېڭى يا كىرىچى بىلەن باغلىسا...»** ــ شىمشون نازارىي بولغاچقا، «يېڭى يا كىرىچلىرى» ئەسلىدە ئۆلۈك ھايۋاننىڭ جەسىتىدىن ئېلىنىدىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نىسبەتەن «ناپاك» ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ گېپى يالغان بولغىنى بىلەن، ھەقىقەتكە يېقىن ئىدى؛ ئۇنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكى ئۇنىڭ نازارىي بولغانلىقىدىن بولغان. ئۇنىڭ «يېڭى» (باشقىلار ئىشلەتمىگەن) دېيىشىنىڭ سەۋەبى «بىرسى مېنى شۇنداق يېڭى كىرىچلەر بىلەن

**[8] شۇنىڭ بىلەن فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى يەتتە تال قۇرۇتۇلمىغان
يېڭى يا كىرىچنى ئېلىپ كېلىپ، بۇ ئايالغا بېرىۋىدى، ئۇ بۇ
كىرىچلەر بىلەن ئۇنى باغلاپ قويىدى [9] (دىلىلاھ بىرنەچچە ئادەمنى
ھۇجرىدا پايلاپ تۇرۇشقا يوشۇرۇپ قويغانىدى). ئۇ شىمشونغا: ــ ئەي
شىمشون، فىلىستىيلەر سېنى تۇتقىلى كەلدى! ــ دېدى.
ئۇ قوپۇپ كىرىچلەرنى چىگە شوينا ئوتتا كۆيۈپ ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك
ئۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكىنىڭ سىرى
ئاشكارىلانمىدى.
[10] بۇنى كۆرۈپ دىلىلاھ شىمشونغا: ــ مانا، سەن مېنى ئالداپ،
ماڭا يالغان ئېيتىپسەن! ئەمدى ماڭا سېنى نېمە بىلەن باغلىسا
بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن، ــ دېدى.
[11] ئۇ جاۋاپ بېرىپ: ــ ئادەملەر مېنى ھېچ ئىشلىتىلمىگەن يېڭى
ئارغامچا بىلەن باغلىسا، مەن ئاجىزلاپ باشقا ئادەملەردەك بولۇپ
قالىمەن، ــ دېدى.
[12] شۇنىڭ بىلەن دىلىلاھ يېڭى ئارغامچا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى باغلاپ: ــ
ئەي شىمشون، فىلىستىيلەر سېنى تۇتقىلى كەلدى! ــ دېدى (ئەسلىدە
بىرنەچچە ئادەم ھۇجرىدا يوشۇرۇنۇپ، ئۇنى پايلاپ تۇرۇشقانىدى). لېكىن
شىمشون ئۆز قولىدىكى ئارغامچىلارنى يىپنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلىدى.
[13] بۇنى كۆرۈپ دىلىلاھ شىمشونغا: ــ سەن ھازىرغىچە مېنى ئالداپسەن،
ماڭا يالغان ئېيتىپسەن؛ ئەمدى ماڭا سېنى نېمە بىلەن باغلىسا
بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن، ــ دېدى. ئۇ جاۋاپ بېرىپ: ــ سەن
مېنىڭ بېشىمدىكى يەتتە ئۆرۈم چاچنى دۇكاندىكى ئۆرۈش يىپ بىلەن
قوشۇپ ئۆرۈپ قويساڭلا بولىدۇ، ــ دېدى.**

---

باغلىسا، كىرىچلەرنىڭ مېنى ناپاك قىلىش تەسىرى ئازراق بولىدۇ» دەپ ئويلىغىنىدىن بولسا كېرەك.

10:16 **«مانا، سەن مېنى ئالداپ، ماڭا يالغان ئېيتىپسەن! ....»** ــ روشەنكى، «پايلاپ ئولتۇرغۇچىلار» باغلاش ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆتۈپ ئۆزلىرى يوشۇرۇنغان يەردىن چىقمىدى. شىمشون ئۆيدە دىلىلاھ بىلەن ئىككىمىزلا بار، دەپ ئويلايدۇ.

13:16 **«دۇكاندىكى ئۆرۈش يىپ بىلەن»** ــ ياكى «دۇكاندىكى تەگ يىپى بىلەن»، يەنى توقۇلمىلارنىڭ بويىغا تارتىلغان يىپى بىلەن.

14 شۇنىڭ بىلەن (شىمشون ئۇخلىغاندا ئۇ ئۇنىڭ بېشىدىكى يەتتە
تال چاچنى ئۆرۈش يىپ بىلەن قوشۇپ ئۆرۈپ)، قوزۇققا باغلاپ قويۇپ
ئۇنىڭغا: ــ ئەي شىمشون، فىلىستىيلەر سېنى تۇتقىلى كەلدى! ــ
دېدى. شىمشون ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئۆرۈش يىپ بىلەن قوزۇقنى
بىراقلا تارتىپ يۇلۇۋەتتى.
15 ئاندىن ئايال ئۇنىڭغا: ــ ماڭا كۆڭلۈڭ يوق تۇرۇپ، قانداقسىگە ساڭا ئاشىق
بولدۇم، دەيسەن؟ سەن مېنى ئۈچ قېتىم ئالداپ، كۈچتۈڭگۈرلۈكۈڭنىڭ
نەدىن بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بەرمىدىڭغۇ، ــ دېدى.
16 ئۇنىڭ ھەركۈنى سۆزلىرى بىلەن ئۇنى قىستاشلىرى ۋە يالۋۇرۇشلىرى
بىلەن شىمشوننىڭ ئۆلگۈدەك ئىچى پۇشتى ۋە شۇنداق بولدىكى، 17 ئۇ
كۆڭلىدىكى سىرىنى قويماي ئۇنىڭغا ئاشكارا قىلىپ: ــ مەن
ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىن تارتىپ خۇداغا ئاتىلىپ نازارىي
بولغىنىم ئۈچۈن، بېشىمغا ھەرگىز ئۇستىرا سېلىنىپ باقمىغان؛
ئەگەر مېنىڭ چېچىم چۈشۈرۈۋېتىلسە، كۈچۈم مەندىن كېتىپ، مەن
ئاجىزلاپ باشقا ئادەملەردەك بولۇپ قالىمەن، ــ دېدى.
18 دەلىلاھ ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆڭلىدىكى ھەممە سىرىنى دەپ بەرگىنىنى
كۆرۈپ، فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرىنى چارقىرىپ كېلىشكە ئادەم
ماڭدۇرۇپ: ــ «بۇ قېتىم سىلەر يەنە بىر چىقىڭلار، چۈنكى شىمشون
كۆڭلىدىكى ھەممە سىرنى ماڭا ئاشكارا قىلدى» دېدى. شۇنىڭ
بىلەن فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى قوللىرىغا كۈمۈشلەرنى ئېلىپ،
ئۇنىڭ قېشىغا چىقتى.
19 ئاندىن دەلىلاھ ئۇنى ئۆز يوتىسىغا ياتقۇزۇپ، ئۇخلىتىپ قويۇپ،
بىر ئادەمنى چاقىرىپ كىرىپ ئۇنىڭ بېشىدىكى يەتتە ئۆرۈم چاچنى
چۈشۈرۈۋەتتى؛ شۇنداق قىلىپ ئۇ شىمشوننىڭ بوزەك قىلىنىشىنى
باشلىغۇچى بولدى. شىمشون كۈچىدىن كەتكەنىدى. 20 ئۇ: ــ ئەي
شىمشون، فىلىستىيلەر سېنى تۇتقىلى كەلدى! ــ دېۋىدى، ئۇ ئۇيقۇدىن

14:16 **«شىمشون ئۇخلىغاندا ئۇ ئۇنىڭ بېشىدىكى يەتتە تال چاچنى ئۆرۈش يىپ بىلەن قوشۇپ ئۆرۈپ...»** ــ مۇشۇ سۆزلەرنى كونا گرېك نۇسخىسىدىن ئالدۇق.

ئويغىنىپ: ــ مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىلگىرىكى بىر قانچە قېتىمقىدەك، بوشىنىپ كېتىمەن، دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىدىن كەتكىنىنى بىلمەيتتى. [21] شۇنىڭ بىلەن، فىلىستىيلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ، گازاغا ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇنى مىس زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ، زىنداندا ئۇن تارتىشقا سالدى.
[22] لېكىن بېشىدىكى چۈشۈرۈۋېتىلگەن چېچى يەنە ئۆسۈشكە باشلىدى.

## شىمشوننىڭ شەرەپلىك ھالدا ئۆلۈشى ۋە دەپنە قىلىنىشى

[23] كېيىن، فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى ئۆز ئىلاھى بولغان داگون ئۈچۈن چوڭ بىر قۇربانلىق ئۆتكۈزۈشكە ھەم تەبرىكلەپ شادلىنىشقا يىغىلدى. چۈنكى ئۇلار: ــ مانا، ئىلاھىمىز دۈشمىنىمىز بولغان شىمشوننى قولىمىزغا تاپشۇرۇپ بەردى، ــ دېيىشتى.
[24] خەلق شىمشوننى كۆرگەندە، ئۆز ئىلاھىنى داڭلاپ: ــ ئىلاھىمىز بولسا، يۇرتىمىزنى ۋەيران قىلغۇچىنى، ئادەملىرىمىزنى كۆپ ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىمىزنى قولىمىزغا چۈشۈرۈپ بەردى! ــ دېيىشتى.
[25] ئۇلار تازا شاد-خۇراملىق كەيپىگە چۆمۈپ: ــ شىمشون كەلتۈرۈلسۇن، ئۇ بىزگە بىر ئويۇن كۆرسىتىپ بەرسۇن، دېيىشتى؛ ئۇلار شىمشوننى زىنداندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئويۇن كۆرسەتتى. ئەمدى ئۇلار ئۇنى ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىتىپ قويغاندى. [26] شۇنىڭ بىلەن شىمشون قولىنى تۇتۇپ تۇرغان يىگىتكە: ــ مېنى قويۇۋەت، ئۆينى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۈۋرۈكلەرنى سىلاپ، ئۇلارغا يۆلىنىۋالغىلى قويغايسەن، ــ دېدى.
[27] ئۇ چاغدا ئۆي ئەر-ئاياللار بىلەن لىق تولغانىدى، فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ شۇ يەردە ئىدى؛ ئۆگزىدىمۇ شىمشوننىڭ كۆرسىتىۋاتقان ئويۇنىنى كۆرۈۋاتقان تەخمىنەن ئۈچ مىڭچە ئەر-ئايال بار ئىدى.
[28] شىمشون پەرۋەردىگارغا نىدا قىلىپ: ــ ئەي رەب پەرۋەردىگار،

21:16 «ئۇنى مىس زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ، زىنداندا ئۇن تارتىشقا سالدى» ــ ئۇن تارتىش ئادەتتە ئايال كىشىنىڭ ئىشى ئىدى.

مېنى ياد قىلىپ پەقەت مۇشۇ بىر قېتىم ماڭا كۈچ ئاتا قىلغايسەن؛
ئى خۇدا، شۇنىڭ بىلەن ئىككى كۆزۈمنىڭ ئىنتىقامىنى
فىلىستىيلەردىن بىر يولىلا ئالغۇزغايسەن! ــ دېدى.
[29] شىمشون شۇلارنى دەپ ئۆينى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوتتۇرىدىكى ئىككى
تۈۋرۈكنى تۇتۇۋالدى؛ بىرىنى ئوڭ قولى بىلەن، يەنە بىرىنى سول
قولى بىلەن تۇتۇپ، ئۇلارغا تايىنىپ تۇردى.
[30] ئاندىن: «فىلىستىيلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈپ كەتسەم!» دەپ
بەدىنىنى ئېگىپ كۈچىنى يىغىپ ئىتتىرىۋىدى، ئۆي ئۆرۈلۈپ،
ئۇ يەردىكى ئەمىرلەر بىلەن بارلىق خەلقنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.
بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئۆلۈمى بىلەن ئۆلتۈرگەن ئادەملەر ئۇنىڭ تىرىك
ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەنلىرىدىن كۆپ بولدى. [31] ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ
قېرىنداشلىرى ۋە ئاتىسىنىڭ بارلىق جەمەتى چۈشۈپ، ئۇنى
كۆتۈرۈپ، زورىئاھ بىلەن ئەشتائولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىپ،
ئاتىسى مانوئاھنىڭ قەبرىسىدە دەپنە قىلدى. ئۇ يىگىرمە يىل
ئىسرائىلغا ھاكىم بولغانىدى.

## ئىسرائىللارنىڭ بۇتپەرەسلىك يولىغا كىرىشى

17 [1] ئەفرائىمنىڭ تاغلىرىدا مىكاھ ئىسىملىك بىر كىشى بار
ئىدى. [2] ئۇ ئانىسىغا: ــ سىزنىڭ ھېلىقى بىر مىڭ بىر يۈز كۈمۈش
تەڭگەڭ ئوغرىلاپ كېتىلگەنىدى؛ سەن تەڭگىلەرنى قارغىدىڭ ۋە بۇنى
ماڭا دەپ بەردىڭ. مانا، كۈمۈش مەندە، ئۇنى مەن ئالغانىدىم، دېۋىدى،
ئانىسى: ــ ئەي ئوغلۇم، پەرۋەردىگار سېنى بەرىكەتلىگەي! ــ دېدى.
[3] مىكاھ بۇ بىر مىڭ بىر يۈز كۈمۈش تەڭگىنى ئانىسىغا ياندۇرۇپ

---

**28:16** ئىبر. 32:11

**2:17** «...**تەڭگىلەرنى قارغىدىڭ**...» ــ قارغاشنىڭ مەزمۇنى بەلكىم «بۇ پۇل بەرىكەتلىك بولمىسۇن، ئالغۇچى كىشىگە پالاكەت چۈشۈرسۇن» دېگەندەك بولسا كېرەك. «...**ۋە بۇنى ماڭا دەپ بەردىڭ**» ــ ئىبرانىي تىلدا: «...ۋە مېنىڭ قۇلاقلىرىمغا سۆزلىدىڭ».

**بەردى. ئانىسى: ــ مەن ئەسلىدە بۇ پۇلنى سەن ئوغلۇمنى دەپ
پەرۋەردىگارغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويما بۇت ۋە قۇيما بۇت
ياساشقا ئاتىۋەتكەنىدىم؛ ئەمدى يەنىلا ساڭا بېرەي، دېدى.
[4]لېكىن مىكاھ كۈمۈشنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەردى؛ ئانىسى
ئۇنىڭدىن ئىككى يۈز كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ بىر زەرگەرگە بېرىپ،
بىر ئويما بۇت بىلەن بىر قۇيما بۇت ياساتتى؛ ئۇلار مىكاھنىڭ ئۆيىگە
قويۇپ قويۇلدى. [5]مىكاھ دېگەن بۇ كىشى ئەسلىدە بىر بۇتخانا پەيدا
قىلغان، شۇنىڭدەك ئۆزىگە بىر ئەفود بىلەن بىرنەچچە «تەرافىم»نى
ياسىغانىدى؛ ئاندىن ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرىنى كاھىنلىققا مەخسۇس
تەيىنلەپ، ئۇنى ئۆزىگە كاھىن قىلدى.
[6]شۇ كۈنلەردە ئىسرائىلدا ھېچ پادىشاھ بولمىدى؛ ھەركىم ئۆز نەزىرىدە
<u>ياخشى كۆرۈنگەننى</u> قىلاتتى.**

**3:17 «مەن ئەسلىدە بۇ پۇلنى سەن ئوغلۇمنى دەپ پەرۋەردىگارغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويما بۇت ۋە قۇيما بۇت ياساشقا ئاتىۋەتكەنىدىم؛ ئەمدى يەنىلا ساڭا بېرەي»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەن ھازىر بۇ پۇلنى سەن ئوغلۇمنى دەپ پەرۋەردىگارغا بېغىشلايمەن، ئۇنىڭ بىلەن ئويما بۇت ۋە قۇيما بۇت ياساشقا ئاتىۋېتىمەن؛ ئەمدى بۇنى ھازىر ساڭا بېرەي». بۇنداق تەرجىمىسى توغرا بولسا، مەنىسى: «مېنىڭ قارغىشىم ئوغلۇمغا چۈشمىسۇن دەپ، ھازىر پۇلنى پەرۋەردىگارغا بېغىشلايمەن» دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن.
4:17 **«...ئانىسى ئۇنىڭدىن ئىككى يۈز كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ بىر زەرگەرگە بېرىپ، بىر ئويما بۇت بىلەن بىر قۇيما بۇت ياساتتى...»** ــ مۇشۇ سۆزدىن قارىغاندا، ئاپىسى نىيىتىدىن يېنىپ، پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىدە قالدۇرغانىدى.
5:17 **«ئەفود»** ــ «ئەفود» توغرۇلۇق 27:8 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. «ئەفود» ئەسلىدە باش كاھىن كىيىدىغان ئالاھىدە بىرخىل كىيىم ئىدى. ئۇ توغرۇلۇق «مىس.» 28:5-30 ۋە ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈڭ.
**«تەرافىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدىكى سۆز بولۇپ، «ئۆي بۇتلىرى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ بۇتلار قولدا كۆتۈرگۈدەك كىچىك بولۇپ، ئادەتتە كۈمۈشتىن ياسىلاتتى. قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى بەزى بۇتپەرەس جەمئىيەتلەردە «تەرافىم»غا ئىگە بولغان ئادەم ئۆينىڭ بارلىق تەئەللۇقاتىنىڭ ئىگىسى، خوجايىنى دەپ ھېسابلىناتتى. **«... ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرىنى كاھىنلىققا مەخسۇس تەيىنلەپ، ئۇنى ئۆزىگە كاھىن قىلدى»** ــ پەقەت ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىلا كاھىن بولۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى.
6:17 **«شۇ كۈنلەردە ئىسرائىلدا ھېچ پادىشاھ بولمىدى؛ ھەركىم ئۆز نەزىرىدە ياخشى كۆرۈنگەننى قىلاتتى»** ــ مۇشۇ سۆزلەر، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئىسرائىلغا ئۆزى پادىشاھ تەيىنلەش مەقسىتىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
**6:17** ھاك. 1:18؛ 25:21

## مىكاھنىڭ بىر لاۋىينى «كاھىن بولۇش»قا ياللىشى

7 يەھۇدا جەمەتىنىڭ تەۋەسىدىكى بەيت-لەھەمدە لاۋىي قەبىلىسىدىن
بولغان بىر يىگىت بار ئىدى؛ ئۇ شۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ
قالغانىدى. 8 بۇ يىگىت بىر جاي تېپىپ تۇراي دەپ، يەھۇدالارنىڭ
يۇرتىدىكى بەيت-لەھەم شەھىرىدىن چىقتى. ئۇ سەپەر قىلىپ،
ئەفرائىم تاغلىقىغا، مىكاھنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى. 9 مىكاھ
ئۇنىڭدىن: — قەيەردىن كەلدىڭ، دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن:
— مەن يەھۇدالارنىڭ يۇرتىدىكى بەيت-لەھەملىك بىر لاۋىيمەن، بىر
جاي تېپىپ تۇراي دەپ چىقتىم، — دېدى.
10 مىكاھ ئۇنىڭغا: — ئۇنداق بولسا مەن بىلەن تۇرۇپ، ماڭا ھەم ئاتا
ھەم كاھىن بولۇپ بەرگىن؛ مەن ساڭا ھەر يىلى ئون كۈمۈش تەڭگە،
بىر يۈرۈش ئېگىن ۋە كۈندىلىك يېمەك-ئىچمىكىڭنى بېرەي، — دېدى.
بۇنى ئاڭلاپ لاۋىي كىشى ئۇنىڭكىگە كىردى.
11 لاۋىي ئۇ كىشى بىلەن تۇرۇشقا رازى بولدى؛ يىگىت شۇ كىشىگە
ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرىدەك بولۇپ قالدى. 12 ئاندىن مىكاھ بۇ لاۋىي
كىشىنى كاھىنلىققا مەخسۇس تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن لاۋىي
يىگىت ئۇنىڭغا كاھىن بولۇپ، مىكاھنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى.
13 ئاندىن مىكاھ: — بىر لاۋىي كىشى ماڭا كاھىن بولغىنى ئۈچۈن،
پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا ياخشىلىق قىلىدىغىنىنى بىلىمەن، — دېدى.

7:17 **«يەھۇدا جەمەتىنىڭ تەۋەسىدىكى بەيت-لەھەم»** — بەيت-لەھەم لاۋىيلارغا بېكىتىلگەن شەھەرلەردىن ئەمەس ئىدى. بۇ كىشىنىڭ شۇ يەرگە نېمىگە بارغىنى ئېنىق ئەمەس.

12:17 **«مىكاھ بۇ لاۋىي كىشىنى كاھىنلىققا مەخسۇس تەيىنلىدى»** — ئىبرانىي تىلدا: «مىكاھ بۇ لاۋىي كىشىنىڭ قولىنى تولدۇردى». بۇ سۆز مۇشۇ يەردە ئىككى بىسلىقتۇر — (1) ئۇ مىكاھنىڭ قولىنى مەخسۇس كاھىنلىق ۋەزىپىسى بىلەن «تولدۇردى» ۋە (2) (ھەجۋىي جەھەتتىن) پۇل بىلەن تولدۇردى. **«شۇنىڭ بىلەن لاۋىي يىگىت ئۇنىڭغا كاھىن بولۇپ، مىكاھنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى»** — پەقەت ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىلا كاھىن بولۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى؛ باشقا لاۋىيلارنىڭ كاھىن بولۇش ھوقۇقى يوقتۇر، ئەلۋەتتە.

13:17 **«بىر لاۋىي كىشى ماڭا كاھىن بولغىنى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا ياخشىلىق قىلىدىغىنىنى بىلىمەن»** — دېمىسەكمۇ، بۇ سۆزلەر پۈتۈنلەي خۇراپىي بىر كۆزقاراش، ئەلۋەتتە. 18-بابتا سۆزلەرنىڭ خاتالىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

## دان قەبىلىسىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر مىراس جايىنى تېپىشى

18 [1] شۇ كۈنلەردە ئىسرائىلدا ھېچ پادىشاھ بولمىدى؛ شۇنداقلا
شۇ كۈنلەردە دانلارنىڭ قەبىلىسى ئۆزلىرىگە ئولتۇراقلىشىش
ئۈچۈن جاي ئىزدەۋاتقانىدى، چۈنكى شۇ كۈنگىچە ئۇلار ئىسرائىل
قەبىلىلىرى ئارىسىدا چەك تاشلىنىپ بېكىتىلگەن مىراس زېمىنغا
ئېرىشمىگەنىدى. [2] شۇنىڭ بىلەن دانلار پۈتكۈل جەمەتىدىن زورئاھ
ۋە ئەشتائولدا ئولتۇرۇشلۇق بەش پالۋاننى زېمىننى چارلاپ كېلىشكە
ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا تاپىلاپ: ــ سىلەر بېرىپ زېمىننى چارلاپ كېلىڭلار،
دېدى. ئۇلار سەپەر قىلىپ ئەفرائىم تاغلىق يۇرتىغا كېلىپ مىكاھنىڭ
ئۆيىگە چۈشۈپ ئۇ يەردە قونىدى. [3] ئۇلار مىكاھنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا
تۇرغىنىدا لاۋىي يىگىتنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ
ئۇنىڭدىن: ــ سېنى كىم بۇ جايغا ئېلىپ كەلدى؟ بۇ يەردە نېمە ئىش
قىلىسەن؟ بۇ جايدا نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.
[4] ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن: ــ مىكاھ ماڭا مۇنداق-مۇنداق قىلىپ، مېنى
ياللاپ ئۆزىگە كاھىن قىلدى، دېدى.
[5] بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ماڭغان
سەپىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى
بىلمىكىمىز ئۈچۈن، خۇدادىن سوراپ بەرگىن، ــ دېدى.
[6] كاھىن ئۇلارغا: ــ خاتىرجەم بېرىۋېرىڭلار. ماڭغان يولۇڭلار
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىدۇر، ــ دېدى.
[7] شۇنىڭ بىلەن بۇ بەش ئادەم چىقىپ، لائىش دېگەن جايغا يېتىپ

---

1:18 **«شۇ كۈنلەردە دانلارنىڭ قەبىلىسى ئۆزلىرىگە ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن جاي ئىزدەۋاتقانىدى»** ــ «يە.» 19:40-48دە بۇ ئىشلار بايان قىلىنىدۇ. شۇ ئايەتلەردىن قارىغاندا: «چەك تاشلىنىپ بېكىتىلگەن مىراس زېمىنغا ئېرىشمىگەنىدى» دېگەننىڭ مەنىسى «...تولۇق ئېرىشەلمىگەنىدى» دېگەندەك بولسا كېرەك.

**1:18** ھاك. 17:6؛ 21:25

3:18 **«لاۋىي يىگىتنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ...»** ــ ياكى «لاۋىي يىگىتنىڭ تەلەپپۇزىنى تونۇپ...»

6:18 **«ماڭغان يولۇڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىدۇر»** ــ دېمەك، يولۇڭلار خۇدانىڭ نەزىرىگە ياخشى كۆرۈنىدۇ.

كەلدى. ئۇلار ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ تىنچ-ئامان ياشاۋاتقىنىنى، تۇرمۇشىنىڭ زىدونىيلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە ئىكەنلىكىنى، خاتىرجەملىك ۋە راھەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقىنىنى كۆردى؛ شۇ زېمىندا ئۇلارنى خار قىلغۇچى ھېچقانداق ھوقۇقدار يوق ئىدى؛ ئۇلار زىدونىيلاردىن يىراقتا تۇراتتى، شۇنداقلا باشقىلار بىلەنمۇ ھېچقانداق باردى-كەلدى قىلىشمايتتى.
8 بەش پالۋان زورېئاھ ۋە ئەشتائولغا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. قېرىنداشلىرى ئۇلاردىن: — نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.
9 ئۇلار جاۋابەن: — بىز قوپۇپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلايلى! چۈنكى بىز شۇ زېمىننى چارلاپ كەلدۇق، مانا، ئۇ ئىنتايىن ياخشى بىر يۇرت ئىكەن. ئەمدى نېمىشقا قىمىر قىلماي جىم ئولتۇرىسىلەر؟ ئەمدى دەرھال بېرىپ، ئۇ يۇرتنى ئېلىشقا ئەزمەڭلەرنى ئەزمەڭلار، بېرىپ ھۇجۇم قىلىپ زېمىننى ئىگىلەڭلار. 10 ئۇ يەرگە بارغىنىڭلاردا سىلەر تىنچ-ئامان تۇرۇۋاتقان بىر خەلقنى، ھەر ئەتراپىغا سوزۇلغان كەڭ-ئازادە بىر زېمىننى كۆرىسىلەر! خۇدا ئۇ يەرنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇرغاندۇر. ئۇ يۇرتتا يەر يۈزىدە تېپىلىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن ھېچبىرى كەم ئەمەس، دېدى.
11 شۇنىڭ بىلەن دانلارنىڭ جەمەتىدىن ئالتە يۈز ئادەم جەڭگە قوراللىنىپ، زورېئاھ ۋە ئەشتائولدىن چىقىپ ماڭدى. 12 ئۇلار يەھۇدا يۇرتىدىكى كىرىئات-يېئارىم دېگەن جايغا بېرىپ، چېدىر تىكتى (شۇڭا بۇ جاي تاكى بۈگۈنگىچە «داننىڭ لەشكەرگاھى» دەپ ئاتالماقتا؛

7:18 «**تۇرمۇشىنىڭ زىدونىيلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە ئىكەنلىكىنى**» — مۇشۇ شەھەر بەلكىم زىدونىيلارنىڭ بىر مۇستەملىكىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. «**شۇ زېمىندا ئۇلارنى خار قىلغۇچى ھېچقانداق ھوقۇقدار يوق ئىدى**» — ئەگەر لائىشتىكىلەردىن پايدىلىنىدىغان باشقا بىر يەرلىك ھاكىمىيەت بار بولسا، لائىشنى ئىگىلەش ئۈچۈن مۇشۇ ھاكىمىيەت بىلەنمۇ سوقۇشۇش كېرەك بولاتتى، ئەلۋەتتە.
—شۇ سۆزنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلارنىڭ ئۈستىدە نومۇس ئىشلارنى ئەيىبلەيدىغان ھېچقانداق ھاكىم يوق ئىدى».

ئۇ كىرىئات-يېئارىمنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانىدى). [13] ئاندىن
ئۇلار ئۇ يەردىن ئەفرائىم تاغلىق رايونىغا بېرىپ، مىكاھنىڭ ئۆيىگە
يېتىپ كەلدى.
[14] لائىش يۇرتىغا چارلاش ئۈچۈن بارغان بەش كىشى ئۆز قېرىنداشلىرىغا:
— بىلەمسىلەر؟ بۇ ئۆيدە بىر ئەفود تونى، بىرنەچچە تەرافىم بۇتلىرى،
بىر ئويما مەبۇد ۋە قۇيما مەبۇد باردۇر! ئەمدى قانداق قىلىشىڭلار
كېرەكلىكىنى ئويلىشىڭلار! — دېدى.
[15] ئۇلار بۇرۇلۇپ لاۋىي يىگىتنىڭ ئۆيىگە (مىكاھقا تەۋە ئۆيىگە) كىرىپ
ئۇنىڭدىن هال سورىدى. [16] دان قەبىلىسىدىن بولغان جەڭ قوراللىرىنى
كۆتۈرگەن ئالتە يۈز كىشى دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ تۇردى. [17] ئۇ زېمىننى
چارلاشقا بارغان بەش ئادەم بۇتخانىغا كىرىپ، ئويما بۇت، ئەفود
تونى، تەرافىم بۇتلىرى ۋە قۇيما بۇتنى ئېلىپ چىقتى. كاھىن جەڭ
قوراللىرىنى كۆتۈرگەن ئالتە يۈز كىشى بىلەن بىللە دەرۋازىدا تۇراتتى.
[18] بۇ بەش ئادەم مىكاھنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئويما بۇت، ئەفود تونىنى،
تەرافىم بۇتلىرى ۋە قۇيما بۇتنى ئېلىپ چىققاندا كاھىن ئۇلاردىن: —
بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟! — دەپ سورىدى.
[19] ئۇلار ئۇنىڭغا: — ئۈن چىقارماي، ئاغزىڭنى قولۇڭ بىلەن ئېتىپ،
بىز بىلەن مېڭىپ، بىزگە هەم ئاتا هەم كاھىن بولۇپ بەرگىن. سېنىڭ
پەقەت بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە كاھىن بولغىنىڭ ياخشىمۇ،
ياكى ئىسرائىلنىڭ بىر جەمەتى بولغان پۈتۈن بىر قەبىلىگە كاھىن
بولغىنىڭ ياخشىمۇ؟ — دېدى.
[20] شۇنداق دېۋىدى، كاھىننىڭ كۆڭلى خوش بولۇپ، ئەفود،
تەرافىم بۇتلىرى ۋە ئويما مەبۇدنى ئېلىپ خەلقنىڭ ئارىسىغا
كىرىپ تۇردى. [21] ئاندىن ئۇلار بۇرۇلۇپ، ئۇ يەردىن كەتتى؛ ئۇلار

12:18 **«داننىڭ لەشكەرگاھى»** — ئىبرانىي تىلدا «ماھانەھ-دان». **«ئارقا تەرىپى»** — بۇ سۆزنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «غەرب تەرىپى».

**12:18** هاك. 25:13.

**14:18** **«تەرافىم بۇتلىرى»** — 5:17دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

بالىلىرى ۋە چارپايلارنى ۋە يۇك-تاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىدا
ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى. 22 مىكاھنىڭ ئۆيىدىن خېلى يىراقلىغاندا
مىكاھنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەر يىغىلىپ، دانلارغا قوغلاپ
يېتىشتى. 23 ئۇلار دانلارنى توۋلاپ چاقىردى، دانلار بۇرۇلۇپ مىكاھقا:
— ساڭا نېمە بولدى، بۇنچىۋىلا كۆپ خەلقنى يىغىپ كېلىپ نېمە
قىلماقچىسەن؟! — دېدى.
24 ئۇ جاۋاب بېرىپ: — سىلەر مەن ياساتقان مەبۇدلارنى كاھىنىم بىلەن
قوشۇپ ئالدىڭلار، ئاندىن كەتتىڭلار! ماڭا يەنە نېمە قالدى؟! شۇنداق
تۇرۇقلۇق سىلەر تېخى: «ساڭا نېمە بولدى؟» — دەۋاتىسىلەرغۇ! —
دېدى.
25 دانلار ئۇنىڭغا: — ئۈنۈڭنى چىقارما، بولمىسا ئاچچىقى يامان
كىشىلەر سېنى تۇتۇۋېلىپ، سېنى ۋە ئائىلەڭدىكىلەرنى جانلىرىدىن
جۇدا قىلمىسۇن، يەنە، — دېدى.
26 بۇلارنى دەپ دانلار ئۆز يولىغا ماڭدى؛ مىكاھ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن
كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يېنىپ ئۆز ئۆيىگە كەتتى.
27 ئۇلار مىكاھ ياساتقۇزغان نەرسىلەر ۋە ئۇنىڭ كاھىنىنى ئېلىپ،
لائىشقا ھۇجۇم قىلدى؛ ئۇ يەردىكى خەلق تىنچ-ئامان ۋە خاتىرجەم
تۇرۇۋاتقانىدى؛ ئۇلار ئۇلارنى قىلىچلاپ قىرىپ، شەھەرنى ئوتتا
كۆيدۈرۈۋەتتى. 28 شەھەرنى قۇتقۇزغۇدەك ھېچ ئادەم چىقمىدى؛ چۈنكى
بۇ شەھەر زىدوندىن يىراقتا ئىدى، خەلقى ھېچكىم بىلەن باردى-
كەلدى قىلىشمايتتى. شەھەر بەيت-رەھوبنىڭ يېنىدىكى جىلغىدا
ئىدى. دانلار شەھەرنى قايتىدىن قۇرۇپ، ئولتۇراقلاشتى. 29 ئۇلار بۇ
شەھەرگە ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان، ئۆز ئاتىسى داننىڭ
ئىسمىنى قويۇپ دان دەپ ئاتىدى. ئىلگىرى ئۇ شەھەرنىڭ نامى لائىش
ئىدى.
30 دانلار شۇ يەردە بۇ ئويما بۇتنى ئۆزلىرىگە تىكلىدى؛ مۇسانىڭ ئوغلى
گەرشومنىڭ ئەۋلادى يوناتان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولسا شۇ زېمىننىڭ

**29:18** يە. 47:19

خەلقى سۈرگۈن بولۇشقا ئېلىپ كېتىلگەن كۈنگىچە دانلارنىڭ
قەبىلىسىگە كاھىن بولۇپ تۇرغانىدى. [31] خۇدانىڭ ئۆيى شىلوھدا
تۇرغان بارلىق ۋاقىتلاردا، دانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن تىكلىگەن، مىكاھ
ياساتقۇزغان ئويما مەبۇد داندا تۇرغۇزۇلدى.

## ئەشەددىي بۇزۇقچىلىق

19 [1] ئىسرائىلدا تېخى پادىشاھ تىكلەنمىگەن شۇ كۈنلەردە،
ئەفرائىم تاغلىق رايونىنىڭ چەت تەرىپىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر
لاۋىي كىشى بار ئىدى؛ ئۇ يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيت-لەھەملىك بىر
قىزنى كېنىزەكلىككە ئالدى. [2] لېكىن ئۇ كېنىزەك ئېرىگە ۋاپاسىزلىق
قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ، يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيت-لەھەمگە
ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تۆت ئايچە تۇردى.
[3] ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېرى قوپۇپ كېنىزىكىگە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ،
كۆڭلىنى ئېلىپ ياندۇرۇپ كېلىشكە كېنىزىكىنىڭ يېنىغا كەلدى.
ئۇ بىر خىزمەتكارىنى ۋە ئىككى ئېشەكنى ئېلىپ باردى. كېنىزەك
ئېرىنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى؛ ئاتىسى ئۇنى كۆرۈپ خۇش
بولۇپ قارشى ئالدى. [4] ئۇنىڭ قېيىنئاتىسى، يەنى قىزنىڭ ئاتىسى ئۇنى
تۇتۇپ قالدى، ئۇ ئۇ يەردە ئۈچ كۈنگىچە يەپ-ئىچىپ، ئۇنىڭ بىلەن
يېتىپ قوپتى. [5] تۆتىنچى كۈنى لاۋىي كىشى سەھەر قوپۇپ ماڭغىلى
تەييارلىنىۋىدى، كېنىزىكىنىڭ ئاتىسى كۈيئوغلىغا: ــ بىر توغرام

---

30:18 **«گەرسومنىڭ ئەۋلادى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «گەرسومنىڭ ئوغلى».

31:18 **«خۇدانىڭ ئۆيى شىلوھدا تۇرغان بارلىق ۋاقىتلاردا»** ــ شىلوھ شەھىرى مۇقەددەس چېدىر تۇنجى تىكلەنگەن جاي ئىدى («يە.» 10:18، 51:19، «1سام.» 3:1نى كۆرۈڭ). سۇلايمان پادىشاھ ئىبادەتخانىنى يېرۇسالېمدا قۇرۇشتىن ئىلگىرى (قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم) شىلوھ ئىبادەت سورۇنى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلگەنىدى («يەر.» 12:7نى كۆرۈڭ).

**1:19** ھاك. 6:17؛ 1:18؛ 25:21

2:19 **«لېكىن ئۇ كېنىزەك ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ...»** ــ ياكى «لېكىن ئۇ كېنىزەك ئېرىدىن يامانلاپ كېتىپ...».

نان يەپ يۈرىكىڭنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ ئاندىن ماڭغىن، ــ دېدى.
6 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى ئولتۇرۇپ بىللە يەپ-ئىچىپ
تاماقلاندى. قىزنىڭ ئاتىسى ئۇ كىشىگە: ــ سەندىن ئۆتۈنەي، بۇ
كېچىمۇ قونغىن، كۆڭلۈڭ ئېچىلسۇن، دېدى.
7 بۇ كىشى ماڭغىلى قوپۇۋىدى، لېكىن قېيىنئاتىسى ئۇنى زورلاپ، يەنە
ئېلىپ قالدى، ئۇ يەنە بىر كۈن قوندى. 8 بەشىنچى كۈنى ئۇ سەھەر
قوپۇپ ماڭغىلى تەييارلاندى، لېكىن قىزنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا: ــ
ئاۋۋال يۈرىكىڭنى قۇۋۋەتلەندۈرگىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
ئىككىسى كۈن ئېگىلگۈچە ئولتۇرۇپ، بىللە تاماقلاندى.
9 ئاندىن بۇ كىشى كېنىزىكى ۋە خىزمەتكارىنى ئېلىپ ماڭغىلى
تەييارلىنىۋىدى، قېيىنئاتىسى، يەنى قىزنىڭ داداسى ئۇنىڭغا: ــ مانا،
كەچ كىرەي دەۋاتىدۇ، سەندىن ئۆتۈنەي، بۇ يەردە يەنە بىر كېچىنى
ئۆتكۈزۈڭلار؛ مانا، كۈن مەغرىبكە ئېگىلىپتۇ، بۇ يەردە قونغىن،
كۆڭلۈڭ ئېچىلسۇن؛ ئاندىن ئەتە سەھەردە يولغا چىقىپ، ئۆيۈڭلارغا
كېتىڭلار، ــ دېدى.
10 لېكىن ئۇ كىشى ئەمدى يەنە بىر كېچە قونۇشقا ئۇنىماي، قوپۇپ
يولغا چىقىپ يەبۇسنىڭ، يەنى يېرۇسالېمنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. ئۇنىڭ
بىلەن بىللە ئىككى توقۇقلۇق ئېشەك ۋە كېنىزىكى بار ئىدى. 11 ئۇلار
يەبۇسقا يېقىن كەلگەندە كۈن ئولتۇراي دەپ قالغاچقا، خىزمەتكارى
غوجىسىغا: ــ يەبۇسىيلارنىڭ بۇ شەھىرىگە كىرىپ، شۇ يەردە قونايلى،
دېدى.
12 لېكىن غوجىسى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ بىز ئىسرائىللار
تۇرمايدىغان، يات ئەللەر تۇرىدىغان شەھەرگە كىرمەيلى، بەلكى
گىبېئاھقا ئۆتۈپ كېتەيلى، دېدى.
13 ئاندىن ئۇ يەنە خىزمەتكارىغا: ــ كەلگىن، بىز يېقىندىكى جايلاردىن
بىرىگە بارايلى، گىبېئاھدا ياكى راماھدا قونايلى، دېدى.

---

**9:19 «ئاندىن ئەتە سەھەردە ... ئۆيۈڭلارغا كېتىڭلار»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئاندىن ئەتە سەھەردە ... چېدىرىڭلارغا كېتىڭلار».

[14] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېڭىپ، بىنيامىن يۇرتىدىكى گىبېئاھنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا كۈن ئولتۇرغانىدى. [15] ئۇلار گىبېئاھقا كىرىپ، ئۇ يەردە قونماقچى بولدى؛ شەھەرنىڭ چوڭ مەيدانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى؛ لېكىن ھېچكىم ئۇلارنى قوندۇرۇشقا ئۆيىگە تەكلىپ قىلمىدى.
[16] ھالبۇكى، ئۇ كېچىسى قېرى بىر ئادەم ئېتىزلىقتىن ئىشىنى تۈگىتىپ، يېنىپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇ ئەسلىدە ئەفرائىم تاغلىق رايونلۇق ئادەم ئىدى، ئۇ گىبېئاھدا مۇساپىر بولۇپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى؛ لېكىن ئۇ يەردىكى خەلقلەر بىنيامىنلاردىن ئىدى.
[17] ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، بۇ يولۇچىنىڭ شەھەرنىڭ مەيدانىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن: — قەيەردىن كەلدىڭ؟ قەيەرگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى.
[18] ئۇ جاۋاب بېرىپ: — بىز يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيت-لەھەمدىن ئەفرائىم تاغلىقىنىڭ چەت ياقىلىرىغا كېتىپ بارىمىز؛ مەن ئەسلى شۇ جايدىن بولۇپ، يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيت-لەھەمگە بارغانىدىم؛ ئىشلىرىم پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى؛ لېكىن بۇ يەردە ھېچ كىم مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلمىدى. [19] بىزنىڭ ئېشەكلىرىمىزگە بېرىدىغان سامان ۋە بوغۇزىمىز بار، ئۆزۈم، دېدەكلىرى، شۇنداقلا كەمىنىلىرىڭ بىلەن بولغان يىگىتكىمۇ نان ۋە شارابلار بار، بىزگە ھېچ نېمە كەم ئەمەس، — دېدى.
[20] بۇنى ئاڭلاپ قېرى كىشى: — تىنچ-ئامان بولغايسەن؛ سىلەرنىڭ موھتاجلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۈستۈمگە بولسۇن، ئەمما كوچىدا ياتماڭلار! — دەپ، [21] ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئېشەكلىرىگە يەم بەردى. مېھمانلار پۇتلىرىنى يۇيۇپ، يەپ-ئىچىپ غىزالاندى. [22] ئۇلار كۆڭلىدە خۇش بولۇپ تۇرغىنىدا، مانا، شەھەرنىڭ ئادەملىرىدىن بىرنەچچەيلەن، يەنى بىرقانچە لۈكچەك كېلىپ ئۆينى

18:19 **«پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ، يەنى مۇقەددەس چېدىر»** — شۇ چاغدا يېرۇسالېمدا ئەمەس، شىلوھدا ئىدى.

قورشىۋېلىپ، ئىشىكنى ئۇرۇپ-قېقىپ، ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان قېرى
كىشىگە: ــ سېنىڭ ئۆيۈڭگە كەلگەن شۇ كىشىنى بىزگە چىقىرىپ
بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلىمىز، ــ دېدى.
[23] بۇنى ئاڭلاپ ئۆي ئىگىسى ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇلارغا: ــ
بولمايدۇ، ئەي بۇرادەرلىرىم، سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مۇنداق
رەزىللىكنى قىلماڭلار؛ بۇ كىشى مېنىڭ ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ
كەلگەنىكەن، سىلەر بۇنداق ئىپلاسلىق قىلماڭلار. [24] مانا، مېنىڭ
پاك بىر قىزىم بار، يەنە ئۇ كىشىنىڭ كېنىزىكى بار. مەن ئۇلارنى
قېشىڭلارغا چىقىرىپ بېرەي، سىلەر ئۇلارنى ئاياغ ئاستى قىلساڭلار
مەيلى، نەزىرىڭلارغا نېمە خۇش ياقسا ئۇلارنى شۇنداق قىلىڭلار،
لېكىن بۇ كىشىگە مۇشۇنداق ئىپلاسلىق ئىشنى قىلماڭلار، ــ دېدى.
[25] لېكىن ئۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى؛ يولۇچى كېنىزىكىنى
ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۆرەپ چىقىرىپ بەردى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە
بولۇپ كەچتىن ئەتىگەنگىچە ئاياغ ئاستى قىلدى؛ ئۇلار تاڭ يورۇغاندا
ئاندىن ئۇنى قويۇپ بەردى.
[26] چوكان تاڭ سەھەردە قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ غوجىسى قونغان ئۆينىڭ
دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە يىقىلىپ قېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە
شۇ يەردە يېتىپ قالدى. [27] ئەتىگەندە ئۇنىڭ غوجىسى قوپۇپ ئۆينىڭ
ئىشىكىنى ئېچىپ، يولغا چىقماقچى بولۇپ تېشىغا چىقىۋىدى، مانا،
ئۇنىڭ كېنىزىكى بولغان چوكان ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قوللىرى

22:19 **«لۈكچەك»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «بېلىئالنىڭ (ئىبلىسنىڭ) بالىلىرى».
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «شەھەردىكى ئادەملەر، لۈكچەكلەر...»

**22:19** يار. 19:1-4؛ ھوش. 9:9؛ 10:9

24:19 **«مانا، مېنىڭ پاك بىر قىزىم بار، يەنە ئۇ كىشىنىڭ كېنىزىكى بار... سىلەر ئۇلارنى ئاياغ ئاستى قىلساڭلار مەيلى...»** ــ شۇ قېرى ئادەم مېھماندوستلۇقنى ۋە مېھمانلارغا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقنى شۇنچە «مۇقەددەس» دەپ قارىسىمۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان يۇقىرىقى گەپلىرىدىن شۇ چاغدىكى ئىسرائىللارنىڭ بۇزۇقچىلىق-ئەخلاقسىزلىقىنىڭ قانداق دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. مېھمانلارنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلسا بولاتتى؛ لېكىن ئۆز قىزىنى مۇشۇ رەزىللەرگە «ھەدىيە قىلىش»قا ھەرقانداق ۋىجدان ئىگىسىگە يىرگىنچلىك بولسا كېرەك.

بوسۇغىسىنىڭ ئۈستىگە قوپۇقلۇق ھالدا ياتاتتى. [28] ئۇ ئۇنىڭغا: ــ قوپۇقىن، بىز ماڭايلى، دېدى. لېكىن چوكان ھېچبىر جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوكاننى ئېشەككە ئارتىپ، قوزغىلىپ ئۆز ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى.
[29] ئۆز ئۆيىگە كەلگەندە، پىچاقنى ئېلىپ كېنىزىكىنىڭ جەسىتىنى سۆڭەكلىرى بويىچە ئون ئىككى پارچە قىلىپ، پۈتكۈل ئىسرائىل يۇرتىنىڭ چەت-ياقلىرىغىچە ئەۋەتتى.
[30] شۇنداق بولدىكى، بۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى: «ئىسرائىل مىسىردىن چىققان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغانىدى ياكى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئەمدى بۇ ئىشنى ئوبدان ئويلىشىپ، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەسلىھەتلىشەيلى» ــ دېيىشتى.

## ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى

20 [1] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى چىقىپ، جامائەت داندىن تارتىپ بەئەر-شېباغىچە يىغىلىپ گىلېئاد زېمىنىنىڭ خەلقى بىلەن قوشۇلۇپ مىزپاھدا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر ئادەمدەك بولدى. [2] پۈتكۈل قوۋمنىڭ چوڭلىرى، يەنى ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى خۇدانىڭ خەلقىنىڭ جامائىتى ئارىسىدا ھازىر بولدى. جامائەت جەمئىي بولۇپ تۆت يۈز مىڭ قىلىچ تۇتقان پىيادە ئەسكەر ئىدى [3] (بىنيامىنلار ئىسرائىلنىڭ مىزپاھدا جەم بولغىنىدىن ئەمدى خەۋەر تاپقانىدى).

28:19 « لاۋىي كىشى ئۇنىڭغا: ــ قوپۇقىن، بىز ماڭايلى، دېدى» ــ بۇ چوكاننىڭ «غوجا»سىنىڭ تاش يۈرەكلىكى بىلەن شۇ يەرلىك لۇكچەكلەرنىڭ رەزىللىكىنىڭ پەرقى بارمۇ؟
1:20 «داندىن تارتىپ بەئەر-شېباغىچە يىغىلىپ، گىلېئاد زېمىنىنىڭ خەلقى بىلەن قوشۇلۇپ...» ــ دان شەھىرى (29:18دە كۆرسىتىلگەن) زېمىنىنىڭ شىمالىي چېتىدە؛ بەئەر-شېبا شەھىرى بولسا زېمىنىنىڭ جەنۇبىي چېتىدە؛ «گىلېئاد» بولسا زېمىنىنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چەت قىسمى ئىدى. دېمەك (بىنيامىن خەلقىدىن باشقا)، پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى مىزپاھقا يىغىلدى.

ئىسرائىللار سورۇشتە قىلىپ: «بۇ رەزىل ئىش قانداق يۈز بەردى؟» ــ دەپ سورىدى.
[4] ئۆلتۈرۈلگەن چوكاننىڭ ئېرى لاۋىي كىشى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
ــ «مەن بولسام ئۆز كېنىزىكىمنى ئېلىپ، بىنيامىننىڭ گىبېئاھ شەھىرىگە قونغىلى بارغانىدىم؛ [5] گىبېئاھنىڭ بەگلىرى كېچىدە ماڭا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، مېنى دەپ ئۆينى قورشىۋالدى. ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى، كېنىزىكىمنى بولسا ئۇلار ئاياغ ئاستى قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. [6] شۇنىڭ بىلەن مەن كېنىزىكىمنىڭ جەسىتىنى پارچە-پارچە قىلىپ، كىشىلەرگە كۆتۈرتكۈزۈپ ئىسرائىلنىڭ مىراسى بولغان زېمىنىنىڭ ھەربىر يۇرتىغا ئەۋەتتىم. چۈنكى ئۇلار ئىسرائىل ئىچىدە پاسىقلىق ۋە ئىپلاسلىق قىلدى. [7] مانا، ئەي بارلىق ئىسرائىللار، سىلەر ھەممىڭلار ئويلىنىپ، مەسلىھەت كۆرسىتىڭلار».
[8] شۇنىڭ بىلەن ھەممە خەلق بىر ئادەمدەك قوپۇپ: ــ ئارىمىزدىن نە ھېچكىم ئۆز چېدىرىغا بارمىسۇن نە ھېچكىم ئۆز ئۆيىگە قايتمىسۇن، [9] بەلكى بىز گىبېئاھقا شۇنداق قىلايلىكى: ــ بىز چەك تاشلاپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلايلى؛ [10] بىز ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىسىدىكىلەردىن يۈزنىڭ ئىچىدىن ئوننى، مىڭدىن يۈزنى، ئون مىڭدىن مىڭنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى خەلق ئۈچۈن ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈشكە تەيىنلەيلى. شۇنداق قىلىپ خەلق بىنيامىن يۇرتىدىكى گىبېئاھ شەھىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىسرائىل ئىچىدە قىلغان بارلىق ئىپلاسلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىغا ياندۇرسۇن، ــ دېيىشتى.
[11] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى بىر ئادەمدەك بولۇپ، ئۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا توپلاندى.

3:20 **«... ئىسرائىللار سورۇشتە قىلىپ: «بۇ رەزىل ئىش قانداق يۈز بەردى؟» ــ دەپ سورىدى»** ــ شۇ چاغدا بىنيامىنلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ نەق مەيداندا بار-يوقلۇقى ئېنىق ئەمەس. لاۋىي كىشى، شۈبھىسىزكى، كېنىزىكىنىڭ جەسىتىدىن بىر قىسمىنى ئۇلارغىمۇ ئەۋەتكەن (29:11). بۇ سوئال بىنيامىن ۋەكىللىرىگە قويۇلغان بولسا، «بۇ رەزىل ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار» دېگەندەك تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن 4-ئايەتتىن قارىغاندا سوئال لاۋىي كىشىگە قويۇلغان
5:20 **«...مېنى دەپ ئۆينى قورشىۋالدى»** ــ ياكى «... مەن بار ئۆينى قورشىۋالدى».

[12] ئاندىن ئىسرائىل قەبىلىلىرى بىنيامىنىنىڭ بارلىق جەمەتلىرىگە
ئەلچى ئەۋەتىپ: ــ ئاراڭلاردا يۈز بەرگەن بۇ رەزىللىك زادى نېمە ئىش؟
[13] ئەمدى گىبېئاھدىكى بۇ لۈكچەكلەرنى بىزگە تۇتۇپ بېرىڭلار. شۇنىڭ
بىلەن بىز ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ، ئىسرائىلدىن رەزىللىكنى
يوق قىلايلى، ــ دېدى. لېكىن بىنيامىنلار ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان
ئىسرائىللارنىڭ سۆزىنى تىڭشىمىدى، [14] بەلكى بىنيامىنلار
ئىسرائىلغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن شەھەر-شەھەرلەردىن كېلىپ
گىبېئاھدا يىغىلدى. [15] ئۇ ۋاقىتتا بىنيامىنلاردىن شەھەر-شەھەرلەردىن
تىزىملانغانلار يىگىرمە ئالتە مىڭ قىلىچ تۇتقان ئەركەك ئىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا گىبېئاھدىن خىللانغان يەتتە يۈز ئەسكەر بار ئىدى. [16] بۇ
پۈتكۈل قوشۇن ئارىسىدا خىللانغان يەتتە يۈز سولخاي ئەسكەر بولۇپ،
سالغۇغا تاشنى سېلىپ نىشانغا ئاتسا، قىلچىمۇ قېيىپ كەتمەيتتى.
[17] بىنيامىن قەبىلىسىدىن باشقا، ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ساناقتىن
ئۆتكۈزۈلۈۋىدى، قىلىچ تۇتقانلار تۆت يۈز مىڭ ئەركەك چىقتى؛
بۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭچىلەر ئىدى.
[18] ئىسرائىل قوپۇپ بەيت-ئەلگە چىقىپ خۇدادىن: ــ بىزنىڭ ئارىمىزدىن
كىم ئاۋۋال چىقىپ بىنيامىنلار بىلەن سوقۇشسۇن، دەپ سورىۋىدى،
پەرۋەردىگار جاۋاب بېرىپ: ــ يەھۇدا ئاۋۋال چىقسۇن، دېدى.
[19] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئەتىسى سەھەر قوپۇپ گىبېئاھنىڭ
ئۇدۇلىدا چېدىرگاھ تىكتى. [20] ئاندىن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى
بىنيامىن بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقىپ، گىبېئاھنىڭ يېنىدا راسلىنىپ
ئۇلارغا قارشى سەپ تۈزدى. [21] شۇ كۈنى بىنيامىنلار گىبېئاھدىن

---

**13:20 «لۈكچەكلەر»** ــ ئىبرانىي تىلدا «بېلىئالنىڭ (ئىبلىسنىڭ) باللىرى».

**13:20** ھاك. 22:19؛ ھوش. 9:9؛ 9:10

**16:20** ھاك. 15:3

**18:20 «ئىسرائىل قوپۇپ بەيت-ئەلگە چىقىپ خۇدادىن: ... دەپ سورىۋىدى»** ــ بۇ ئايەتتىن قارىغاندا، خۇدانىڭ مۇقەددەس چېدىرى گەرچە شۇ يىللاردا شىلوھدا بولسىمۇ («يە.» 1:18، «ھاك.» 31:18، 12:21، «1سام.» 3:1نى كۆرۈڭ)، مەلۇم سەۋەبتىن (دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزلىرى تۈپەيلىدىن؟) بەيت-ئەلدە ۋاقىتلىق تۇرغۇزۇلغان ئوخشايدۇ (27-28ئايەتنى كۆرۈڭ).

چىقىپ، ئىسرائىلدىن يىگىرمە ئىككى مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، يەرگە يەكسان قىلىۋەتتى.
[22] لېكىن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى جاسارەتكە كېلىپ، ئاۋۋالقى كۈنى سەپ تۈزگەن جايدا ئىككىنچى كۈنى يەنە سەپ تۈزدى. [23] سەپ تۈزۈشتىن ئاۋۋالقى ئاخشىمى ئىسرائىل پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كەچ كىرگۈچە پەرياد قىلىپ يىغلاپ، پەرۋەردىگاردىن يول سوراپ: ــ بىز ئۆز قېرىندىشىمىز بولغان بىنيامىن نەسىللىرى بىلەن يەنە ئۇرۇشۇشقا چىقساق بولامدۇ، بولمامدۇ؟ ــ دەپ سورىۋىدى، پەرۋەردىگار جاۋاب بېرىپ: ــ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىڭلار، دېدى.
[24] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئىككىنچى كۈنى بىنيامىنلارغا يېقىن كېلىپ ھۇجۇم قىلدى. [25] بىنيامىنمۇ ئىككىنچى كۈنى گىبېئاھدىن چىقىپ ئىسرائىللار بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئون سەككىز مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، يەرگە يەكسان قىلىۋەتتى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى قىلىچ تۇتقانلاردىن ئىدى.
[26] ئاندىن ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى، يەنى پۈتۈن قوشۇن قوپۇپ بەيت-ئەلگە چىقىپ يىغلاپ، شۇ كۈنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كەچكىچە روزا تۇتۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى ئۆتكۈزدى. [27-28] شۇ كۈنلەردە خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى شۇ يەردە بولۇپ، ھارۇننىڭ ئەۋلادى، ئەلئازارنىڭ ئوغلى فىنىھاس ئۇنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلاتتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار پەرۋەردىگاردىن يول سوراپ: ــ بىز ئۆز قېرىندىشىمىز بولغان بىنيامىننىڭ نەسىللىرى بىلەن يەنە ئۇرۇشۇشقا چىقامدۇق ياكى توختاپ قالامدۇق؟ ــ دەپ سورىدى؛ پەرۋەردىگار جاۋابەن: ــ چىقىڭلار، چۈنكى ئەتە مەن ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن، دېدى.

**20:27-28 «ئىسرائىللار پەرۋەردىگاردىن يول سوراپ: ــ ... ــ دەپ سورىدى»** ــ شۇ چاغدا، ئىسرائىلنىڭ پەرۋەردىگاردىن «يول سورىشى» شۈبھىسىزكى، باش كاھىن فىنىھاسنىڭ كاھىنلىق كىيىمىگە تاقالغان ئەفودتىكى «ئۇرىم ۋە تۇممىم» ئارقىلىق ئىدى («مىس.» 28-بابنى ۋە ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈڭ).
—ئىسرائىللارنىڭ تارتقان تالاپەتلىرى، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ پۈتكۈل قوۋمىنىڭ ئۈستىگە قويغان ئاگاھ-جازالىرى ئىدى. خۇدانىڭ يولىدىن چىققانلار پەقەت بىنيامىنلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل

29 بۇنى ئاڭلاپ ئىسرائىل خەلقى گىبېئاھنىڭ ئەتراپىغا ئەسكەرلەرنى
پىستىرما قويدى؛ 30 ئۈچىنچى كۈنى ئىسرائىللار ئىلگىرىكى ئىككى
قېتىمقىدەك بىنيامىنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا گىبېئاھنىڭ ئۇدۇلىغا
كېلىپ سەپ تۈزدى. 31 بىنيامىن ئىسرائىل خەلقىگە قارشى جەڭگە
چىقىشىدى، خەلق ئۇلارنى شەھەردىن ئازدۇرۇپ چىقتى. ئۇلار بەيت-
ئەلگە چىقىدىغان يول ۋە گىبېئاھقا بارىدىغان يولنىڭ ئۈستىدە
ھەم دالادا خەلقنى ئىلگىرىكى ئىككى قېتىمقىدەك ئۇرۇپ قىرغىلى
تۇردى. ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىدىن ئوتتۇزچە كىشىنى ئۆلتۈردى.
32 بىنيامىنلار: ــ ئۇلار يەنىلا ئاۋۋالقىدەك مەغلۇپ بولدى، ــ دېيىشتى.
ئەمما ئىسرائىل: ــ بىزلەر قېچىپ ئۇلارنى شەھەردىن ئەگەشتۈرۈپ
چىقىپ، يوللارغا ئېلىپ چىقايلى، دەپ مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى.
33 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى ئۆز جايىدىن
قوپۇپ بائال-تامارغا بېرىپ سەپ تۈزدى، پىستىرمىدا تۇرغان
ئىسرائىللارمۇ ئۆز جايىدىن، يەنى گېبادىكى چىمەندىن چىقىپ
كەلدى. 34 ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىن سەرخىل ئون مىڭ كىشى
گىبېئاھنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، جەڭ قاتتىق بولدى.
لېكىن بىنيامىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە بالا يېقىنلاشقىنىنى
بىلمەي قالدى.
35 پەرۋەردىگار بىنيامىنلارنى ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ
قىلغاچقا، ئۇلار ئۇ كۈنى بىنيامىنلاردىن يىگىرمە بەش مىڭ بىر يۈز
قىلىچ تۇتقان ئادەمنى ئۆلتۈردى. 36 ئەمدى بىنيامىنلار ئۆزلىرىنىڭ
مەغلۇپ بولغىنىنى كۆردى.
ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ئەسلىدە گىبېئاھقا قويغان
پىستىرمىدىكى كىشىلىرىگە ئىشەنچ قىلىپ، بىنيامىنلارنى

ئىسرائىل خەلقى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**29:20** يە. 4:8

**33:20 «گېبادىكى»** ــ ياكى «گىبېئاھدىكى». «گىبېئاھ» ۋە «گېبا» (ئا) ئوخشاش بىر جاي بولۇشى مۇمكىن، ياكى (ئە) بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن ئىككى جاي بولۇشى مۇمكىن. **«چىمەندىن چىقىپ كەلدى»** ــ ياكى «غەرب تەرەپتىن چىقىپ كەلدى».

**ئالداپ، ئالدىدا چېكىنگەندى. [37] ئۇ ۋاقىتتا پىستىرمىدىكىلەر**
**تېزدىن ئاتلىنىپ گىبېئاھقا ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ كىرىپ،**
**شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىچلاپ قىردى. [38] ئىسرائىللار**
**ئەسلىدە پىستىرمىدىكىلەر بىلەن ئالدىنئالا نىشان ئۈچۈن بەلگە**
**بېكىتكەندى، يەنى شەھەرگە ئوت قويۇپ، قېلىن تۈتۈن تۈۋرۈكىنىڭ**
**ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىنى بەلگە قىلىشقا كېلىشىۋالغانىدى. [39] شۇڭا**
**ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇشتىن ۋاقىتنچە چېكىنگەندە،**
**بىنيامىنلار ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىنى ئۇرۇپ سوقۇپ، ئوتتۇزچە**
**كىشىنى ئۆلتۈرۈپ: ــ مانا، ئىسرائىل ئاۋۋالقى جەڭدىكىدەك**
**ئالدىمىزدا شەكسىز تارمار بولىدۇ، ــ دېيىشتى.**
**[40] لېكىن شەھەرنىڭ ئىچىدىن تۈتۈن تۈۋرۈك ئۆرلەپ چىققاندا،**
**بىنيامىنلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، مانا، پۈتكۈل شەھەر**
**ئىس-تۈتەك بولۇپ ئاسمانلارغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. [41] شۇ ھامان**
**ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى بۇرۇلۇپ يېنىپ كەلدى، بىنيامىننىڭ**
**ئادەملىرى بولسا: بىزگە بالا يېقىنلاشتى دەپ، ۋەھىمىگە چۈشتى.**
**[42] ئۇلار ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن بۇرۇلۇپ چۆللۈككە ماڭىدىغان**
**يول بىلەن قېچىپ كەتتى؛ لېكىن جەڭ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز**
**بېسىپ ماڭدى؛ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىن ئادەملەر**
**چىقىپ ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ ھالاك قىلدى. [43] شۇ تەرىقىدە ئۇلار**
**بىنيامىنلارنى قورشىۋالدى، ئۇلارنى كۈن چىقىش تەرىپىدىكى**
**گېبانىڭ ئۇدۇلىغىچە توختىماي قوغلاپ بېرىپ، چەيلەپ ئۆلتۈردى.**
**[44] بۇنىڭ بىلەن بىنيامىنلاردىن ئون سەككىز مىڭ كىشى ئۆلدى،**
**ئۇلارنىڭ ھەممىسى باتۇر پالۋانلار ئىدى. [45] باشقىلىرى بۇرۇلۇپ**

---

37:20 **«گىبېئاھقا ھۇجۇم قىلىپ...»** ــ بۇ سۆزلەرنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «گىبېئاھغىچە باشلامچىلىق قىلىپ».

43:20 **«گېبا»** ــ ياكى «گىبېئاھ». ئەمما شۇ زېمىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا قارىغاندا ئۇ گېبا بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار. **«...ئۇلارنى كۈن چىقىش تەرىپىدىكى گېبانىڭ ئۇدۇلىغىچە توختىماي قوغلاپ بېرىپ، چەيلەپ ئۆلتۈردى»** ــ بۇ سۆزلەرنىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى: «ئۇلارنى نوھادىن قوغلاپ بېرىپ، گېباھنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر يەردە چەيلەپ ئۆلتۈردى».

چۆل تەرەپكە قېچىپ، رىممون قورام تېشىغا باردى؛ ئەمما
ئىسرائىللار يوللاردا خۇددى باشاق تەرگەندەك ئۇلاردىن بەش مىڭ
ئادەمنى ئۆلتۈردى؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن گىدومغىچە قوغلاپ
بېرىپ، يەنە ئىككى مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى.
46 ئۇ كۈنى بىنيامىنلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر يىگىرمە بەش مىڭ ئادەم
ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پالۋانلار بولۇپ، قىلىچ تۇتقانلار ئىدى.
47 ھالبۇكى، ئۇلاردىن پەقەت ئالتە يۈز ئادەم قالغانىدى، ئۇلار
بۇرۇلۇپ چۆل تەرەپكە قېچىپ، رىمموندىكى تاش يارغا باردى. ئۇلار
رىمموندىكى تاش ياردا تۆت ئاي تۇردى.
48 ئىسرائىللار يەنە بىنيامىنلارنىڭ زېمىنىغا يېنىپ كېلىپ، ھەممە
شەھەرلەردىكى ئادەملەرنى، چارپايلارنى ھەم ئۇچرىغانلارنىڭ
ھەممىسىنى قىلىچ بىلەن قىرىۋەتتى، شۇنداقلا ئوت قويۇپ،
ئۇدۇل كەلگەن شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

## بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇشى

21 1 ئەسلىدە ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى مىزپاھدا قەسەم
قىلىشىپ: ــ بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ھېچكىم ئۆز قىزىنى
بىنيامىنلارغا خوتۇنلۇققا بەرمىسۇن، ــ دېيىشكەنىدى. 2 شۇنىڭ
ئۈچۈن خەلق بەيت-ئەلگە كېلىپ، ئۇ يەردە كەچ كىرگۈچە خۇدانىڭ
ئالدىدا پەرياد كۆتۈرۈپ قاتتىق يىغلىشىپ: ــ 3 ئەي ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى پەرۋەردىگار، ئىسرائىلدا نېمىشقا شۇنداق ئىش يۈز بېرىدۇ،
نېمىشقا ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىدىن بىرى يوقاپ كەتسۇن؟ ــ
دېيىشتى.
4 ئەتىسى خەلق سەھەر قوپۇپ، ئۇ يەردە قۇربانگاھ ياساپ، كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى سۇندى. 5 ئىسرائىللار ئۆزئارا:
ــ ئىسرائىلنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن جامائەتكە قوشۇلۇپ
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشقا كەلمىگەن كىملەر بار؟ ــ دەپ

47:20 ھاك. 13:21

سوراشتى، چۈنكى ئۇلار كىمكى مىزپاھقا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
ھازىر بولمىسا، ئۇ شەكسىز ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن، دەپ قاتتىق
قەسەم قىلىشقانىدى. 6 ئىسرائىل ئۆز قېرىندىشى بولغان بىنيامىن
توغرۇلۇق پۇشايمان قىلىپ: ــ مانا، ئەمدى ئىسرائىل ئارىسىدىن
بىر قەبىلە ئۈزۈۋېتىلدى. 7 بىز پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا بىزنىڭ
ئىچىمىزدىن ھېچقايسىمىز ئۆز قىزىمىزنى بىنيامىنلارغا خوتۇنلۇققا
بەرمەيمىز، ــ دەپ قەسەم قىلغانىدۇق؛ ئەمدى قانداق قىلساق ئۇلاردىن
قالغانلىرىنى خوتۇنلۇق قىلالايمىز ــ دېيىشتى.
8 ئۇلار يەنە ئۆزئارا: ــ ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن قايسىسى مىزپاھقا،
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا چىقمىدى؟ ــ دەپ سوراشتى. مانا، يابەش-
گىلېئادلىقلاردىن ھېچقايسىسى چېدىرگاھقا، جامائەتكە قوشۇلۇشقا
كەلمىگەنىدى. 9 چۈنكى خەلقنى ساناپ كۆرگەندە يابەش-گىلېئادنىڭ
ئاھالىلىرىدىن ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى. 10 شۇنىڭ بىلەن جامائەت
ئون ئىككى مىڭ پالۋاننى ئۇ يەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا تاپىلاپ: ــ
يابەش-گىلېئادتا تۇرۇۋاتقانلارنى، جۈملىدىن ئاياللار ۋە بالىلارنى
ئۇرۇپ-قىرىپ قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار؛ 11 شۇنداق قىلىڭلاركى،
بارلىق ئەركەكلەرنى ۋە ئەرلەر بىلەن بىللە بولغان بارلىق ئاياللارنى
ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، دېدى.
12 ئۇلار شۇنداق قىلىپ يابەش-گىلېئادتىكى خەلقنىڭ ئىچىدە تېخى
ئەرلەر بىلەن بىللە بولۇپ باقمىغان تۆت يۈز قىزنى تېپىپ، ئۇلارنى
تۇتۇپ قانائان زېمىنىدىكى شىلوھقا، چېدىرگاھقا ئېلىپ كەلدى.
13 ئاندىن پۈتكۈل جامائەت رىممونديكى تىك ياردىكى بىنيامىنلارغا
ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارغا تىنچلىق سالىمىنى جاكارلىدى. 14 شۇنىڭ
بىلەن بىنيامىنلار قايتىپ كەلدى؛ ئىسرائىللار يابەش-گىلېئادتىكى
ھايات قالغان قىزلارنى ئۇلارغا خوتۇنلۇققا بەردى، لېكىن بۇلار ئۇلارغا
يېتىشمىدى. 15 ۋە خەلق بىنيامىن توغرۇلۇق پۇشايمان قىلدى؛ چۈنكى

---

**11:21** چۆل. 17:31

**13:21** ھاك. 47:20

پەرۋەردىگار ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا كەمتۈك پەيدا
قىلىپ قويغانىدى.
[16]بۇ ۋاقىتتا جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرى: ــ بىنيامىنىنىڭ قىز-
ئاياللىرى يوقىتىۋېتىلدى، ئەمدى بىز قانداق قىلساق قالغانلىرىنى
خوتۇنلۇق قىلالايمىز، ــ دېدى.
[17]ئاندىن يەنە: ــ بىنيامىندىن قېچىپ قۇتۇلغان قالدىسىغا مىراس
ساقلىنىشى كېرەككى، ئىسرائىلنىڭ بىر قەبىلىسىمۇ ئۆچۈپ
كەتمەسلىكى كېرەك. [18]پەقەت بىزلا قىزلىرىمىزنى ئۇلارغا خوتۇنلۇققا
بەرسەك بولمايدۇ، چۈنكى ئىسرائىللار: «ئۆز قىزىنى بىنيامىنلارغا
خوتۇنلۇققا بەرگەن كىشى لەنەتكە قالسۇن!» دەپ قەسەم قىلىشقان،
ــ دېيىشتى.
[19]ئۇلار يەنە: ــ مانا، بەيت-ئەلنىڭ شىمال تەرىپىدىكى، بەيت-ئەلدىن
شەكەمگە چىقىدىغان يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى، لىبوناھنىڭ
جەنۇب تەرىپىدىكى شىلوھدا ھەر يىلى پەرۋەردىگارنىڭ بىر ھېيتى
بولۇپ تۇرىدۇ، ــ دېدى. [20]ئاندىن ئىسرائىللار بىنيامىنلارغا بۇيرۇپ:
ــ سىلەر بېرىپ، شۇ يەردىكى ئۈزۈمزارلىقلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىڭلار.
[21]كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، قاچانىكى شىلوھدىكى قىزلارنىڭ ئۇسسۇل
ئوينىغىلى چىققىنىنى كۆرسەڭلار، ئۈزۈمزارلىقلاردىن چىقىپ
ھەربىرىڭلار شىلوھنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى ئۆزۈڭلارغا خوتۇنلۇققا
ئېلىپ قېچىڭلار، ئاندىن بىنيامىنىنىڭ زېمىنىغا كېتىڭلار. [22]شۇنداق
بولىدۇكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى يا ئاكا-ئۇكىلىرى كېلىپ بىزگە
پەرياد كۆتۈرسە، بىز ئۇلارغا: «بىزگە يۈز-خاتىرە قىلىپ، ئۇلارغا يول
قويۇڭلار، چۈنكى بىز جەڭدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە خوتۇنلۇققا تولۇق
بىردىن قىز ئالالمىدۇق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر بۇ قېتىم قىزلىرىڭلارنى
ئۆز ئىختىيارلىقىڭلار بىلەن ئۇلارغا بەرمىدىڭلار؛ ئىختىيارەن بەرگەن
بولساڭلار، گۇناھقا تارتىلاتتىڭلار»، دەيمىز، ــ دېدى.

---

22:21 **«جەڭدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە خوتۇنلۇققا تولۇق بىردىن قىز ئالالمىدۇق» ــ**
ئەسلىدە بىنيامىنلاردىن ئالتە يۈز كىشى ئاياللىسىز قالغانىدى. ئىسرائىللار يابەش-گىلېئادلار

23 بىنيامىنلار شۇنداق قىلىپ سانى بويىچە ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىزلاردىن ئۆزلىرىگە خوتۇنلۇققا ئېلىپ قېچىپ، ئۆز مىراس زېمىنىغا قايتىپ بېرىپ، شەھەرلەرنى يەنە ياساپ ئۇ يەردە تۇردى.
24 ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، ھەربىرى ئۆز قەبىلىلىرى ۋە جەمەتىگە يېنىپ باردى، ئاندىن ھەربىرى ئۆز مىراس زېمىنىغا كەتتى.
25 شۇ كۈنلەردە ئىسرائىلدا ھېچ پادىشاھ بولمىدى؛ ھەركىم ئۆز نەزىرىدە ياخشى كۆرۈنگەننى قىلاتتى.

---

بىلەن جەڭ قىلىپ قىزدىن تۆت يۈزنى تاپقاندى، لېكىن يەنىلا ئىككى يۈز ئادەم ئايالسىز قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار «جەڭدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە خوتۇنلۇققا تولۇق بىردىن قىز ئالالمىدۇق» دەيدۇ. **«سىلەر ... قىزلىرىڭلارنى ئۆز ئىختىيارلىقىڭلار بىلەن ئۇلارغا بەرمىدىڭلار؛ ئىختىيارەن بەرگەن بولساڭلار، گۇناھقا تارتىلاتتىڭلار»** ــ ئۇلارنىڭ ئەزلىدىكى «ھېچكىم بىنيامىنلارغا ئۆز قىزىنى بەرمىسۇن» دېگەن قەسىمى بىلەن، «سىلەر شىلوھتىكىلەر قىزلىرىڭلارنى بىنيامىنلارغا ئىختىيارەن ياتلىق قىلغان بولساڭلار، گۇناھكار بولاتتىڭلار. ھازىر بولسا، قىزلىرىڭلار بۇلاپ كېتىلدى، شۇڭا سىلەر گۇناھكار ھېسابلانمايسىلەر» دېگەندەك مەنتىقىدە بولغان.

# قوشۇمچە سۆز

## كىتابنىڭ مەقسىتى (2)
## خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن باغلىغان ئەھدىسىگە بولغان ساداقەتلىكىنىڭ نامايەندىسى

كىرىش سۆزىمىزدە بىز مەزكۇر كىتابنىڭ تۈپ مەقسىتىنى، يەنى ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنىڭ قۇللۇقىدا بولغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھگە بولغان مۇتلەق موھتاجلىقىنى (ھەم بىزنىڭكىنى، ئەلۋەتتە) ئايان قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، دەپ بايان قىلغانىدۇق.

مۇشۇ سەھىپىلەردە خۇدانىڭ ئۆز خەلقى بىلەن باغلىغان ئەھدىسىگە مۇتلەق ساداقەتلىكى بىرىنچىدىن، ئۇلار ئۆزىگە ئىتائەتمەن بولسا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىشى بىلەن، ئىككىنچىدىن، ئىتائەت قىلمىسا ئۇلارنى قەدەممۇ-قەدەم جازالىشى بىلەن، ئۈچىنچىدىن، ئۇلاردا ھەقىقىي توۋا بولسا ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشى بىلەن ئېنىق كۆرۈنىدۇ. باشقا قوشۇمچە سۆزلەردە بىز خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان ئەھدىسىدە ئۇنىڭ «جازا-تەربىيىسىنىڭ بەش باسقۇچى» بارلىقىنى كۆرسەتكەنىدۇق. بىز تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بۇلارنى يەنە بايان قىلىمىز: —

## خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى — «خۇدانىڭ جازا-تەربىيىسىنىڭ بەش باسقۇچى»

(خۇدا ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىدىكى «جازا-تەربىيىنىڭ بەش باسقۇچى»نىڭ تەپسىلاتلىرى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگەن، «لاۋ.» 14:26-26 ۋە «قان.» 28-بابتا تېپىلىدۇ).

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇدا ئىسرائىلغا، ئۆزۈمگە ئىتائەتمەن بولساڭلار، سىلەرگە مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكۈچى ۋە قوغدىغۇچى بولىمەن، دەپ كۆپ يەرلەردە ئېنىق ۋەدە قىلغان. بىراق ئۇلار ئەكسىچە ئىتائەتمەن بولمىغان بولسا،

ئۇنىڭ جازا-تەربىيىسى تەدرىجىي بېشىغا چۈشىدۇ. بۇ جازا-تەربىيىنىڭ بەش باسقۇچىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئىتائەتسىزلىكى ئېغىرلاشقانسېرى جازا-تەربىيىمۇ ئېغىرلىشىپ بارىدۇ: —

(1) ۋابا-قىزىتمىنىڭ چۈشۈشى، دۈشمەنلەرنىڭ «ئىشىك ئالدىدا» تۇرۇشى، دۈشمەنلەر ئالدىدا ئاسانلا مەغلۇپ بولۇشى («لاۋ.» 26:14-17).

(2) يامغۇر ئاز، ھوسۇلنىڭ ناچار بولۇشى («لاۋ.» 26:18-20).

(3) ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا ۋە ماللارغا ھۇجۇم قىلىشى (بۇنىڭ كۆچمە مەنىسى بەلكىم دۆلەت ئىچىدىكى مۇقىمسىزلىق، تەرتىپسىزلىك ۋە قانۇنسىزلىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ) («لاۋ.» 26:21-24).

(4) شەھەرلەرنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى، قەھەتچىلىك، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەر ۋە ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئالدىدا بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە شۇلارنىڭ قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاستىدا ياشىشى («لاۋ.» 26:25-27).

(5) دۈشمەنلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشى، قايتىدىن شەھەرلەرنى قورشىۋېلىشى، شەھەرلەر ۋە يەر-زېمىنىنىڭ ۋەيران بولۇشى، سۈرگۈن بولۇشى، سۈرگۈن بولغىنىدا ۋەھىمە ئاستىدا ياشىشى («لاۋ.» 26:27-39).

«باتۇر ھاكىملار»دىكى خاتىرىلەردىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزى بۇ تەدرىجىي جازالار ئارقىلىق ئىسرائىلغا ۋە يەھۇداغا كۆرسىتىلگەن ئاگاھ-بېشارەتلەرنى بايقىيالايدۇ. ھالبۇكى، بەشىنچى باسقۇچ، يەنى «سۈرگۈن قىلىنىش» بولسا پەقەت ئىسرائىلنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىتائەتسىزلىك ۋە ئاسىيلىقىدىن كېيىن كېلىدۇ. ئىسرائىل قەتئىي تووا قىلمىغاچقا، سۈرگۈن بولۇشىغىچە شۇنچە ئۇزۇن مۇددەتنىڭ بېرىلىشى بىزگە پەرۋەردىگارنىڭ سەۋر-تاقىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا چوڭ بىر ئىسپات بولۇشى كېرەكتۇر.

## گىدېئوننىڭ تارىخىدىن ئېلىنغان بەزى ساۋاق-ئىبرەتلەر

گىدېئون باتۇر ھاكىملار ئىچىدە روسۇل پاۋلۇس ئىنجىلدا بايان قىلغان ئىككى زور روھىي پرىنسىپنى نامايان قىلغان ئاجايىب ئۈلگە ئىدى.

بىرىنچى پرىنسىپ: — «بەلكى خۇدا دانالارنى خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئەخمەق سانالغانلارنى تاللىۋالدى؛ كۈچلۈكلەرنى

خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئاجىز سانالغانلارنى تاللىۋالدى؛ ئۇ يەنە بۇ دۇنيادىكى قەدىرسىزلەرنى، پەس كۆرۈلىدىغانلارنى تاللىۋالدى، «يوق بولغان نەرسىلەر»نى مەۋجۇت شەيئىلەرنى يوققا چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تاللىۋالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى خۇدا ئالدىدا ھېچ ئەت ئىگىسى ماختانماسلىق ئۈچۈندۇر... شۇنىڭدەك تەۋراتتا پۈتۈلگەندەك: «پەخىرلىنىپ ماختىغۇچى بولسا رەببدىن پەخىرلىنىپ ماختىسۇن!»» («1كور.» 1:27-29، 31).

خۇدا ئىسرائىلنى مىدىيانلاردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاللىغان كىشى ئىشەنچى كامىل، ئۆزى باتۇر، ئەزىمەت كىشى ئەمەس ئىدى؛ ئۇ بەلكى «مىدىيانىيلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شاراب كۆلچىكى ئىچىدە بۇغداي تېپىۋاتقان»، «ئاجىز سانالغان»، «پەس كۆرۈلىدىغان» بىر ئادەم ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزى توغرۇلۇق «ئى رەب، مەن ئىسرائىلنى قانداق قۇتقۇزالايمەن؟ مېنىڭ ئائىلەم بولسا ماناسسەھ قەبىلىسى ئىچىدە ئەڭ نامرتى، ئۆزۈم ئاتامنىڭ جەمەتىدە ئەڭ كىچىكىدۇرمەن» ــ دەيدۇ. خۇدا ئۇنىڭغا ئائىلىسىدىكى «بائال» دېگەن بۇتقا ئاتالغان قۇربانگاھنى ئۆرۈپ، يېڭى بىر قۇربانگاھ ياساپ، ئۇنىڭدا ئائىلىسىدە مەخسۇس قۇربانلىققا ساقلانغان بىر تورپاقنى قۇربانلىق قىلىشنى ئەمر قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئىشنى يوشۇرۇنچە قىلدى. ھالبۇكى، خۇدا ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىش دەپ قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن گىدېئوننىڭ ئېتىقادىنى كۈچلەندۈردى (6:11-32).

گىدېئون دادىللىق بىلەن ئىسرائىلنى قوشۇن بولۇشقا چاقىرغاندىن كېيىن خۇدا «قوي تېرىسى ۋە شەبنەم» ئالامەتلىرى ئارقىلىق يەنە ئۇنىڭ ئىمان-ئىشەنچىنى رىغبەتلەندۈردى (6:36-40). ئاندىن ئۇ قوشۇننىڭ سانىنى 32000دىن 300گە ئازايتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىمان-ئىشەنچىنى سىنايدۇ. ئاۋۋال خۇدا گىدېئونغا: «بارلىق قورقۇپ كەتكەنلەر ئۆيگە قايتسۇن» دېگەن ئەمرنى تاپشۇرۇشى بىلەن 22000 ئادەم ئۆيگە قايتىپ كېتىدۇ؛ 10000ى قالىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۇلارغا «سۇ بويىغا چۈشۈپ سۇ ئىچسۇن» دېگەن پەرمان چىقىرىدۇ. پەقەت «ئىت سۇ ئىچكەندەك تىلى بىلەن يالاپ سۇ ئىچكەنلەر» خۇدا تەرىپىدىن مىدىيانىيلارنىڭ ساناقسىز قوشۇنى بىلەن سوقۇشۇشقا بېكىتىلىدۇ!

دەرۋەقە، نۇسرەت قازانغاندىن كېيىن ئىسرائىل بۇ نۇسرەتتىن «پەخىرلىنىپ ماختىنغاندا» ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى «رەبدىن پەخىرلىنىپ داڭلايدىغان» بولىدۇ! بەرھەق، شان-شەرەپ گىدېئوننىڭكى ئەمەس، خۇدانىڭكى ئىدى!

ئىككىنچى پرىنسىپ: (تۆۋەندىكى سۆزلەردە تېپىلىدۇ) - (خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ئېيتىلغان) ««سېنى نۇرغۇن قوۋمنىڭ ئاتىسى قىلدىم» دەپ يېزىلغىنىدەك، ئىبراھىم ھەممىمىزنىڭ ئاتىسىدۇر. دەرھەقىقەت، ئۇ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەرنى بار دەپ مەۋجۇت قىلىدىغان، ئۆزى ئېتىقاد باغلىغان خۇدا ئالدىدا ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى بولدى» («يار.» 4:17، «رىم.» 17:4). بەرھەق، خۇدا بولسا «ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەرنى بار دەپ مەۋجۇت قىلىدىغان» خۇدادۇر. مانا بۇ ئىككىنچى پرىنسىپتىن ئىبارەتتۇر.

مۇشۇ يەردە خۇدا ئىبراھىمغا سۆزلىگەن ۋاقىتتا، گەرچە ئىبراھىم ۋارىسلىق نۇقتىسىدىن بالىسىز بولسىمۇ، خۇدا يەنىلا ئۇنىڭغا «سېنى نۇرغۇن قوۋمنىڭ ئاتىسى قىلدىم» دەيدۇ. كىمدە ھەقىقىي ئىمان-ئىشەنچ بولسا، مەيلى بارلىق كۆرۈنۈشلەر ۋە ئەھۋاللار خۇدانىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇنىڭ دېگىنىنى ھەقىقەت دەپ ھېسابلايدۇ. گىدېئون ئۆزىنى ئاجىز ھەم كېرەكسىز دەپ كۆرەتتى (دەرۋەقە ئۆزىمۇ شۇنداق ئىدى)؛ ھالبۇكى، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا سۆز قىلغاندا، ئۇ ئۇنى «ئەي جاسارەتلىك پالۋان، پەرۋەردىگار سەن بىلەن بىللىدۇر!» دەپ چاقىردى (12:6). ئىبراھىم خۇدانىڭ: «سېنى ئاتا قىلدىم» دېگەن سۆزىنى چىن كۆڭلىدىن (ئالاقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندەك) قوبۇل قىلىشى بىلەن خۇدانىڭ بۇ سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ ئاخىرىدا يەھۇدىي ۋە ئەرەبىي خەلقلەر ئۇنىڭدىن چىقتى. ئوخشاش يولدا، خۇدانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغاچقا، گىدېئونمۇ قورقۇنچاق بىر يىگىتتىن ئەزىمەت ۋە باتۇر يېتەكچىگە ئايلاندۇرۇلدى.

گىدېئوننىڭ تارىخىدىن يەنە كۆپ قىممەتلىك ساۋات-ئىبرەتلەرنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ؛ مۇشۇ يەردە بىز پەقەت ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈستىدىلا توختىلىمىز (23:8). بۇ ئىشتا ئۇ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ «ھاكىملار» دەۋرىگە بولغان ئىرادىسىنى بىلىپ يەتكەنىدى. خۇدانىڭ خالىغىنى شۇكى، خەلققە پادىشاھ بېكىتىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈم

سۆرگۈچىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىپ يېتىشىدىن ئىبارەت ئىدى («1سام.» 8:1-9، 11:16-25نىمۇ كۆرۈڭ). (ئېتىقادچىلار جامائەتلىرىمۇ مۇشۇنداق «ئۆزى ئۇچۇن پادىشاھ ئىزدەش» دېگەن ئازدۇرۇشلاردىن ساقلىنىشى كېرەك؛ دېمەك، جامائەتلەر ئىچىدە ھەممە ئادەمگە ھەممە ئىشتا نېمىنى قىلىش كېرەك، دەپ ئەمر قىلىدىغان مەلۇم بىر كىشىنى تىكلىمەسلىكى ياكى يولغا قويماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى خۇدانىڭ «يېڭى ئەھدىسى»دە، ئۇنىڭ ئىرادىسى شۇكى، ھەربىر ئائىلە ھەم ئايرىم شەخس ئۆز مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ۋىجدانىغا قاراپ ئۆزىگە كېرەكلىك قارارلىرىنى ئۆزلىرى چىقارسۇن، دېگەنلىكتۇر).

ئەمدى گىدېئون پادىشاھلىق ئورنىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى كاھىن قىلىپ تىكلەپ ئۆزىگە «بىر ئەفود ياساش»قا ئېزىپ كەتكىنىنى نېمدېگەن پاجىئەلىك ئىش-ھە! (بۇ «ئەفود»نىڭ تەپسىلاتلىرى توغرۇلۇق «مىس.» 14:25-26 ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ). كېيىن، شۇ «تور-تۇزاق»تىن، يەنى كاھىنلىق ئورنىنى ئىزدەشتىن (27:8) ئۆز ئائىلىسىدە چىققان ئۆزئارا ھەسەتخورلۇقلار پۈتكۈل ئۆيىدىكىلەرنى دېگۈدەك ھالاكەتكە ئېلىپ باردى («ھاك.» 9-باب).

## «باتۇر ھاكىملار»دىكى تارىخ توغرۇلۇق:

26:11 «يەنە كېلىپ، ئىسرائىل ھەشبون ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا-قىشلاقلاردا، ئاروئەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا-قىشلاقلاردا ھەمدە ئارنون دەرياسىنىڭ بويىدىكى بارلىق شەھەرلەردە ئۈچ يۈز يىل ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا، نېمىشقا سىلەر شۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋالمىدىڭلار؟» (يەفتاھنىڭ سۆزى).

يەفتاھنىڭ ئىسرائىل قانائان زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ۋاقىتنى «ئۈچ يۈز يىل» دەپ ئېيتىشى (بەلكىم تەخمىنىي بىر سان بولۇشى مۇمكىن) «باتۇر ھاكىملار»نىڭ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرىنىڭ تەخمىنەن 350 يىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ (يەفتاھ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتدىن سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىغىچە بەلكىم تەخمىنەن 50 يىل بولۇشى مۇمكىن). يەفتاھ ھۆكۈم سۈرۈپ، ئىككىنچى

يىلدىن سۇلايمان سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلىغىچە بولغان 144 يىلنى، ۋە «مىسىردىن چىقىش»تىن ھەشبوننى ئىشغال قىلغۇچە بولغان 38 يىلنى بۇ 300 يىلغا قوشقاندا، ئۇنداقتا ئومۇمىي ۋاقىت 482 (144+300+38) يىل بولىدۇ.

«1پاد.» 6:1دە سۇلايمان سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلى، يەنى پادىشاھ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى خۇداغا ئاتاپ بىغىشلىغان يىلى دەل «ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى 480-يىلى ئىدى» دېيىلىدۇ؛ بۇ ئىككى سان بىر-بىرىگە بەك يېقىن.

ئىسرائىللار قانائان زېمىنىغا كىرگەندىن تارتىپ «ھاك.» 26:11دىكى ۋاقىتقىچە جەمئىي 319 يىل بولىدۇ؛ بىراق ئاممونىيلار ئىسرائىلنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ ئۇلارغا زۇلۇم سالغان 18 يىلنى شۇ ساندىن چىقىرىۋەتكەندە 301 يىل بولىدۇ. شۇنداق ھېسابلانغاندا، يەفتاھ ئېيتقان تەخمىنىي سان «300 يىل» توغرا چىقىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئاممونىي پادىشاھنىڭ خاتالىقى پاش قىلىنىدۇ.

خۇدا بۇيرۇسا بىز كەلگۈسىدە مۇقەددەس كىتابتىكى يىلنامىلەرنى تەپسىلىي جەدۋەللەشتۈرۈپ چىقارماقچىمىز.

ھازىرچە «باتۇر ھاكىملار» تارىخىنىڭ يىلنامىلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك دەپ ئويلايمىز: —

| يىل سانى | ئىسرائىل دەۋرى ۋە ھۆكۈم سۈرگۈچى |
|---|---|
| 40 | «مىسىردىن چىقىش» ۋە چۆل-باياۋاندا يۈرۈشلەر ــ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە |
| 7 | قانائان زېمىنىنى ئىشغال قىلىش جەريانى ــ يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە |
| 10 | زېمىنىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدىن كۇشاننىڭ زۇلۇم سېلىشىغىچە (يەشۇئا پەيغەمبەر) |
| 8 | كۇشاننىڭ زۇلۇم سېلىشى (2-باب، 8-ئايەت) |
| 40 | ئوتنىيەلنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى؛ ئامان-تىنچلىق كۈنلەر |
| 18 | موئابنىڭ زۇلۇم سېلىشى |
| 80 | ئەھۇدنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى؛ ئامان-تىنچلىق كۈنلەر |
| 20 | يابىننىڭ زۇلۇم سېلىشى |
| 40 | باراقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى؛ ئامان-تىنچلىق كۈنلەر |
| 7 | مىدىيانىنىڭ زۇلۇم سېلىشى |
| 40 | گىدېئوننىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى؛ ئامان-تىنچلىق كۈنلەر |
| 3 | ئابىمەلەك «پادىشاھ»نىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى |
| 22 | تولانىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى |
| 3 | يائىرنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى |
| جەمئىي 358 | |

| ئىسرائىل دەۋرى ۋە ھۆكۈم سۈرگۈچى | | يىل سانى |
|---|---|---|
| ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپى | | |
| **غەربىي ـ فىلىستىيلەر** | **شەرقىي** | |
| (1) ئەھدە ساندۇقىدىن مەھرۇم بولۇشى | (1) ئاممونىيلارنىڭ زۇلۇم سېلىشى | |
| (2) شىمشوننىڭ ئەمەللىرى، سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ چىقىشى | (2) يەفتاھنىڭ ھاكىم بولۇشى | |
| **غەربىي ـ فىلىستىيلەر** | **شەرقىي** | |
| (3) فىلىستىيلەرنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى؛ سامۇئىلنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى | (3) ئىبزاننىڭ ھاكىم بولۇشى | |
| (4) ئەھدە ساندۇقىنىڭ قايتۇرۇلۇشى | (4) ئېلوننىڭ ھاكىم بولۇشى | |
| | (5) ئابدوننىڭ ھاكىم بولۇشى | جەمئىي 59 |
| سائۇلنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى (سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ ھاكىم بولغاندىن كېيىنكى 20 يىل) | | 20 |
| داۋۇتنىڭ ھەبروندا ھۆكۈم سۈرۈشى | | 7 |
| داۋۇتنىڭ يېرۇسالېمدا ھۆكۈم سۈرۈشى | | 33 |
| سۇلايماننىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى بېغىشلىشىغىچە ھۆكۈم سۈرۈشى | | 3 |

| ئىسرائىل دەۋرى ۋە ھۆكۈم سۈرگۈچى | يىل سانى |
|---|---|
| يىللارنىڭ ئومۇمىي سانى («پادىشاھلار (1)» 1:6 بىلەن سېلىشتۇرۇڭ) | 480 |

## تەۋرات 8-قىسىم

# «رۇت»

## كىرىش سۆز

### ئارقا كۆرۈنۈشى

تەۋراتنىڭ «رۇت» دېگەن قىسمى «باتۇر ھاكىملار» دەۋرىدە ئۆتكەن يەھۇدىي بولمىغان رۇت ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغان يەھۇدىي ئائىلىسى توغرىسىدىكى خاتىرىدۇر. بىز «باتۇر ھاكىملار»نىڭ «قوشۇمچە سۆز»ىدە دېگىنىمىزدەك: ««باتۇر ھاكىملار»دا خاتىرىلەنگەن چۈشكۈنلۈك ھەم پاجىئەلەردىن ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھەممىسىنى قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەت-غەپلەت ئىچىدە ياشاۋاتقان، دەپ خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «باتۇر ھاكىملار» دېگەن تارىخ بىلەن زاماندىش بولغان «رۇت» دېگەن خاتىرىدىكى گۈزەل تارىخنى ئوقۇغىنىمىزدا، كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلىدۇ. چۈنكى «رۇت» دېگەن تارىختا بىر ئائىلە ئىچىدە بولغان ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەت، ساداقەتلىك ۋە ھۆرمەت-ئىززەتنى كۆرەلەيمىز. مۇشۇ تارىخ بىزگە خۇدانىڭ كەلگۈسىدە ئىسرائىلغا نىسبەتەن نېمە پىلانلىرى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ».

مەزكۇر تارىخ خۇدا پاجىئەنى شاد-خۇراملىققا ئايلاندۇرغان بىر تارىختۇر. مۇشۇ دەۋردە ئىسرائىل قەھەتچىلىك ئاپىتىگە ئۇچرايدۇ. خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان ئەھدىسىگە قارىغاندا، بۇ ھېچقانداق «تاسادىپىي ئىش» ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆزىگە ۋاپاسىز بىر خەلقنىڭ ئۈستىگە يۈرگۈزگەن ھۆكۈمىدىن ئىبارەت ئىدى

(قەھەتچىلىك بولسا «خۇدانىڭ جازا-تەربىيىسىنىڭ بەش باسقۇچى»نىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. «باتۇر ھاكىملار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە، «خۇدانىڭ جازا-تەربىيىسىنىڭ بەش باسقۇچى» ئۈستىدە توختالغىنىدۇق). ئىسرائىللىق ئەلىمەلەك دېگەن كىشى ئائىلىسى بىلەن جان بېقىشقا ئۆز يۇرتىنى تەرك ئېتىپ موئاب زېمىنىغا بارىدۇ ۋە موئابنىڭ شەھەرلىرىدە تۇرماي، بەلكى سەھراسىغا بېرىپ تۇرىدۇ.

موئابىيلار لۇتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئەجدادى لۇت ئەسلىدە ئىسرائىلنىڭ ئەجدادى ئىبراھىمنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرى ئارقىلىق خۇدانىڭ جازالىشىدىن قۇتقۇزۇلغان بولغاچقا، ئىسرائىل خەلقىگە دوست بولۇشى كېرەك بولاتتى («يار.» 18-19-باب؛ موئابنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق 30:19-38نى كۆرۈڭ). ھالبۇكى، ئەكسىچە موئاب ئىسرائىلغا ھەسەتخورلۇق قىلىپ («چۆل.» 22-25-بابلار)، ئىسرائىل ئاجىز بولغان ۋاقىتلاردا دائىم ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلاتتى («ھاك.» 3-باب، «1سام.» 9:12). ئۇنىڭ ئۈستىگە، موئابىيلار «كېموش» دېگەن بۇتقا چوقۇنغۇچى بۇتپەرەسلەر ئىدى؛ ئۇلارنىڭ بۇ «ئىلاھ»ى موئابىتكىلەردىن «ئىنسان قۇربانلىقى» ۋە كۆپ باشقا يىرگىنچلىك ئىشلارنى «تەلەپ قىلاتتى» (15:1، «1پاد.» 11:7، «2پاد.» 27:3).

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆچمەنلىك ۋە يىرگىنچلىك بۇتپەرەسلىك تۈپەيلىدىن ئەلىمەلەك ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ موئابىيلار ئارىسىدا كۆپ ئۆتكۈزۈشى ئىنتايىن تەسكە توختىغان بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ موئابنىڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە تۇرماي، بەلكى سەھرادا تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

ئەلىمەلەك نامەلۇم بىر ئىش سەۋەبىدىن موئابتا ئۆلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ماھلون ۋە كىلىيون موئابلىق قىزلاردىن خوتۇن ئالىدۇ. مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىن ۋە يەنە نامەلۇم بىر سەۋەبتىن ماھلون ۋە كىلىيونمۇ قازا قىلىدۇ. لېكىن كۈتمىگەن يەردىن، ئۇلار ئەمرىگە ئالغان ئىككى ئايال قېيىنئانىسى نائومىغا ۋاپادار ۋە مېھرىبان بولۇپ چىقىدۇ. نائومى (بەلكىم ئىسرائىل زېمىنىدىن ئايرىلغان ۋاقىتىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن) ئىسرائىل زېمىنىغا قايتىشنى قارار قىلىدۇ؛ رۇت بولسا ئۆز ئائىلىسى، ۋەتىنى ۋە خەلقىدىن ۋاز كېچىپ نائومىغا يار-يۆلەكتە بولۇشقا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە قايتىشقا نىيەت باغلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك قارارى تولىمۇ

ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. رۇت داۋۇت پادىشاھنىڭ ئەجدادى، شۇنىڭدەك مەسىھنىڭ ئەجدادى بولۇپ چىقىدۇ.

## «ھەمجەمەت قۇتقۇزغۇچى» ياكى «ھەمجەمەت نىجاتكار»

بۇ تارىخنىڭ بىر نۇقتىسىنى سەل تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرۈش كېرەك. مۇساغا تاپشۇرۇلغان قانۇن بويىچە، بىرسى نامراتلىشىپ قەرزدار بولۇپ قېلىپ، ئۆز يەرلىرىنى سېتىشقا، ھەتتا ئۆزى ياكى ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇللۇققا سېتىشقا مەجبۇر بولغاندا، بۇنداق سودا-سېتىق مۇددىتى «ئازادلىق يىلى» (يەنى «كاناي-بۇرغا چېلىنىدىغان يىلى»، «شادلىق يىلى»، ھەر 50-يىلى)غىچە بولاتتى («لاۋىيلار» 10:25-55نى كۆرۈڭ). شۇ يىلدا بارلىق تەۋەلىكلەر ئەسلىدىكى ئىگىسىگە ياكى (ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا) ئەڭ يېقىن تۇغقىنىغا قايتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، «ئازادلىق يىلى»دىن ئىلگىرى نامرات كىشىنىڭ مەلۇم بىر تۇغقىنىنىڭ ئۇنى ياكى ئائىلىسىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش نىيىتى بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ يېرىنى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش ھوقۇقى بار ئىدى؛ ئائىلىسى قۇللۇقتا بولسا ئۇلارنى قۇللۇقتىن ھۆر قىلىپ سېتىۋېلىش ھوقۇقى بار ئىدى. قانۇن بويىچە باھاسى ئادىل بولسا ھېچكىم ھېلىقى تۇغقاننىڭ بۇ يولىنى توسالمايتتى. ئىبرانىي تىلىدا بۇنداق تۇغقىنىنى سۈپەتلەيدىغان سۆز «گوئېل» دېيىلەتتى؛ بىز «گوئېل»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا «ھەمجەمەت قۇتقۇزغۇچى» ياكى «ھەمجەمەت نىجاتكار» دېگەننى تاللىۋالدۇق.

ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى باشقىلار تەرىپىدىن مەلۇم زەخمىگە ئۇچرىغان ياكى ئەجەللىك بىر زەربە بىلەن ئۆلگەن بولۇپ، پاكىتى تولۇق بولسا، شۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسىغا «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»لىق رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا رازى بولغان بىر تۇغقىنىنىڭ جاۋابكاردىن زىيانىنى تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقى بار ئىدى («قان.» 13-1:19، «يە.» 20:1-9).

نائومى ۋە رۇت پەلەستىن (قانائان) زېمىنىغا قايتقاندا بەلكىم تولىمۇ يوقسۇل بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا، ئۇلارغا تۇغقان بولغان بىرسى، يەنى بوئاز

ئىسمىلىك بىر كىشى ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن «ھەمجەمەت نىجاتكار» بولۇشقا رازى بولىدۇ.

بۇ ئىشلار توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

## مەزمۇنلار ۋە چوڭ تېمىلار: –

(1) بىر قېيىنئانا ئۇچرىغان كۈلپەت؛ ئەلىمەلەك ئائىلىسىنىڭ موئابقا بېرىشى (5-1:1)

(2) بىر كېلىننىڭ ۋاپادارلىقى؛ نائومى بىلەن رۇتنىڭ بىرگە بەيت-لەھەمگە قايتىپ كېلىشى (22-6:1)

(3) «ھەمجەمەت نىجاتكار»نىڭ مېھىر-مۇھەببىتى: –

(ئا) رۇتنىڭ «تاسادىپىيلىقتىن» بوئازنىڭ ئېتىزىدا باشاق تېرىشى (2-باب)

(ئە) رۇتنىڭ خامانغا بېرىپ، بوئاز بىلەن كۆرۈشۈشى (3-باب)

(ب) بوئازنىڭ رۇتنى نىكاھىغا ئېلىشى (12-1:4)

(4) پادىشاھ داۋۇتنىڭ نەسەبنامىسى: داۋۇت پادىشاھ بوئاز بىلەن رۇتنىڭ ئەۋلادىدۇر (22-13:4)

# روت

## ئەلىمەلەك ئائىلىسىنىڭ موئابقا بېرىشى

1 [1] باتۇر ھاكىملار ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە شۇنداق بولدىكى،
زېمىندا ئاچارچىلىق يۈز بەردى. شۇ ۋاقىتتا بىر ئادەم ئايالى
ۋە ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ يەھۇدا زېمىنىدىكى بەيت-لەھەمدىن
چىقىپ، موئابنىڭ سەھرالىرىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىشكە باردى.
[2] ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئەلىمەلەك، ئايالىنىڭ ئىسمى نائومى، ئىككى
ئوغلىنىڭ ئىسمى ماھلون بىلەن كىلىيون ئىدى. ئۇلار بەيت-لەھەمدە
ئولتۇرۇقلۇق، ئەفرات جەمەتىدىن ئىدى. ئۇلار موئابنىڭ سەھراسىغا
كېلىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلاشتى. [3] كېيىن نائومىنىڭ ئېرى ئەلىمەلەك
ئۆلدى؛ ئايالى ئىككى ئوغلى بىلەن قالدى. [4] ئۇلار موئاب قىزلىرىدىن
ئۆزلىرىگە خوتۇن ئالدى. بىرىنىڭ ئېتى ئورپاھ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى
رۇت ئىدى. ئۇلار شۇ يەردە ئون يىلدەك تۇردى.
[5] ماھلون بىلەن كىلىيون ھەر ئىككىسى ئۆلدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئاپىسى
ئېرى ھەم ئوغۇللىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالدى.

## نائومى بىلەن رۇتنىڭ بەيت-لەھەمگە قايتىپ كېلىشى

[6] شۇنىڭ بىلەن ئايال ئىككى كېلىنى بىلەن قوپۇپ موئابنىڭ
سەھراسىدىن قايتىپ كەتمەكچى بولدى؛ چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆز خەلقىنى يوقلاپ، ئاشلىق بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى

---

1:1 **«مەزگىلدە»** ــ ئىبرانىي تىلدا «كۈنلەردە». **«موئابنىڭ سەھرالىرىدا»** ــ ئىبرانىي تىلدا «موئابنىڭ ئېتىزلىقلىرىدا». موئابتىكىلەر يەھۇدىيلارغا ئۆچ ئىدى. بۇ ئەلىمەلەك ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ موئابنىڭ شەھەرلىرىگە ئەمەس، بەلكى سەھراسىغا بېرىشىنىڭ بىر سەۋەبى بولسا كېرەك.

مـوئابـنـىڭ سـەھراسـىـدا تـۇرۇپ ئاڭـلـىـغانـىـدى. [7] شۇنـىـڭ بـىـلـەن ئۇ ئـىـكـكـى
كېلىنى بـىـلـەن بـىـللـە تـۇرغـان يېـرىـدىـن چـىـقـىـپ، يـەھـۇدا زېـمـىـنـىـغـا
قـايـتـىـشـقـا يـولـغـا چـىـقـتـى. [8] نـائومـى ئـىـكـكـى كېـلـىـنـىـگـە: ــ ھـەر ئـىـكـكـىـڭـلار
قـايـتـىـپ ئـۆز ئـانـاڭـلارنـىـڭ ئـۆيـىـگـە بېـرىـڭـلار. سـىـلـەرنـىـڭ مـەرھـۇمـلارغـا
ۋە مـاڭـا مېـھـرىـبـانـلـىـق كـۆرسـەتـكـىـنـىـڭـلاردەك پـەرۋەردىـگـارمـۇ سـىـلـەرگـە
مېـھـرىـبـانـلـىـق كـۆرسـەتـكـەي! [9] پـەرۋەردىـگـار سـىـلـەر ئـىـكـكـىـڭـلارنـى ئـۆز
ئېـرىـڭـلارنـىـڭ ئـۆيـىـدە ئـارام تـاپـقـۇزغـاي! ــ دەپ، ئـۇلارنـى سـۆيـۈپ قـويـدى.
ئـۇلار ھـۆركـىـرەپ يـىـغـلـىـشـىـپ [10] ئـۇنـىـڭـغـا: ــ يـاق، بـىـز چـوقـۇم سـېـنـىـڭ
بـىـلـەن تـەڭ ئـۆز خـەلـقـىـڭـنـىـڭ يېـنـىـغـا قـايـتـىـمـىـز، ــ دېـيـىـشـتـى.
[11] لېـكـىـن نـائـومـى: ــ يېـنـىـپ كېـتـىـڭـلار، ئـەي قـىـزلـىـرىـم! نېـمـىـشـقـا مېـنـىـڭ
بـىـلـەن بـارمـاقـچـىـسـىـلـەر؟قـورسـىـقـىـمـدا سـىـلـەرگـە ئـەر بـولـغـۇدەك ئـوغـۇللار
بـارمـۇ؟ [12] يېـنـىـپ كېـتـىـڭـلار، ئـەي قـىـزلـىـرىـم! چـۈنـكـى مـەن قېـرىـپ
كـەتـكـەچـكـە، ئـەرگـە تېـگـىـشـكـە يـارىـمـايـمـەن. دەرھـەقـىـقـەتـەن بـۈگـۈن كېـچـە
بـىـر ئـەرلـىـك بـولـۇشـقـا، شـۇنـداقـلا ئـوغـۇللـۇق بـولـۇشـقـا ئـۈمـىـد بـار دېـگـەنـدىـمـۇ،
[13] ئـۇلار يـىـگـىـت بـولـغـۇچـە سـەۋر قـىـلـىـپ تـۇراتـتـىـڭـلارمـۇ؟ ئـۇلارنـى دەپ
بـاشـقـا ئـەرگـە تـەگـمـەي سـاقـلاپ تـۇراتـتـىـڭـلارمـۇ؟ يـاق، بـولـمـايـدۇ، قـىـزلـىـرىـم!
چـۈنـكـى پـەرۋەردىـگـارنـىـڭ قـولـى مـاڭـا قـارشـى بـولـۇپ مېـنـى ئـازابـلايـدىـغـىـنـى
ئـۈچـۈن، مـەن تـارتـىـدىـغـان دەرد-ئـەلـەم سـىـلـەرنـىـڭـكـىـدىـن تېـخـىـمـۇ ئېـغـىـر
بـولـىـدۇ، ــ دېـدى.
[14] ئـۇلار يـەنـە ھـۆركـىـرەپ يـىـغـلاشـتـى. ئـورپـاھ قېـيـنـئـانـىـسـىـنـى سـۆيـۈپ
خـوشـلاشـتـى، لېـكـىـن رۇت ئـۇنـى چـىـڭ قـۇچـاقـلاپ تـۇرۇۋالـدى. [15] نـائـومـى

---

**13:1 «مەن تارتىدىغان دەرد-ئەلەم سىلەرنىڭكىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ»** ــ گەرچە رۇت بىلەن ئورپاھ ھەر ئىككىسى ئېرىدىن ئايرىلىش ئازابىنى تارتقان تۇل خوتۇنلار بولسىمۇ، نائومىنىڭ ئازابى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى؛ ئۇنىڭ ئېرىدىن ھەم ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئىككى كېلىنىنىڭ ئۆزىدەك ياقا يۇرتتا تۇل بولۇپ تۇرۇش دەردىنى تارتىشىنى خالىمايتتى.
—بۇ سۆزنىڭ يەنە ئىككى تەرجىمىسى بار: «مەن سىلەر ئۈچۈن (تۇل قالغانلىقىڭلاردىن) ئىنتايىن ئازابلىنىمەن» ياكى «مېنىڭ دەرد-ئەلىمىم سىلەرگە بەك ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى، سىلەر كۆتۈرەلمەيسىلەر».

**ئۇنىڭغا: ــ مانا، كېلىن سىڭلىڭ ئۆز خەلقى بىلەن ئىلاھلىرىنىڭ يېنىغا يېنىپ كەتتى! سەنمۇ كېلىن سىڭلىڭنىڭ كەينىدىن يېنىپ كەتكىن! ــ دېدى.**
[16] **لېكىن رۇت جاۋابەن: ــ مېنىڭ سېنىڭ يېنىڭدىن كېتىشىمنى ۋە ساڭا ئەگىشىش نىيىتىمدىن يېنىشنى ئۆتۈنمە؛ چۈنكى سەن نەگە بارساڭ مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن؛ سەن نەدە قونساڭ مەنمۇ شۇ يەردە قونىمەن؛ سېنىڭ خەلقىڭ مېنىڭمۇ خەلقىمدۇر ۋە سېنىڭ خۇدايىڭ مېنىڭمۇ خۇدايىمدۇر.** [17] **سەن نەدە ئۆلسەڭ مەنمۇ شۇ يەردە ئۆلىمەن ۋە شۇ يەردە ياتىمەن؛ ئۆلۈمدىن باشقىسى مېنى سەندىن ئايرىۋەتسە پەرۋەردىگار مېنى ئۇرسۇن ھەم ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ جازالىسۇن! ــ دېدى.**
[18] **نائومى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ بېرىشقا قەتئىي نىيەت قىلغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يەنە ئېغىز ئاچمىدى.**
[19] **ئىككىسى مېڭىپ بەيت-لەھەمگە يېتىپ كەلدى. شۇنداق بولدىكى، ئۇلار بەيت-لەھەمگە يېتىپ كەلگىنىدە پۈتكۈل شەھەردىكىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ زىلزىلىگە كەلدى. ئاياللار بولسا: ــ بۇ راستتىنلا نائومىمىدۇ؟ ــ دېيىشتى.**
[20] **ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن: ــ مېنى نائومى دېمەي، بەلكى «مارا» دەڭلار؛ چۈنكى ھەممىدىن قادىر ماڭا زەرداب يۇتقۇزدى.** [21] **توققۇزۇم تەل ھالەتتە بۇ يەردىن چىقتىم؛ لېكىن پەرۋەردىگار مېنى قۇرۇق قايتقۇزدى. پەرۋەردىگار مېنى ئەيىبلەپ گۇۋاھلىق بەردى، ھەممىدىن قادىر مېنى خارلىغانىكەن، نېمىشقا مېنى نائومى دەيسىلەر؟ ــ دېدى.**
[22] **شۇنداق قىلىپ نائومى بىلەن كېلىنى موئاب قىزى رۇت موئابنىڭ**

---

17:1 **«پەرۋەردىگار مېنى ئۇرسۇن ھەم ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ جازالىسۇن!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «... پەرۋەردىگار ماڭىمۇ شۇنداق قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قىلسۇن!»

20:1 **«نائومى»** ــ مەنىسى: «يېقىملىق»، «كۆڭۈللۈك»، «ھۇزۇرلۇق»؛ «مارا» بولسا «ئاچچىق»، «ئەلەملىك»، «زەردابلىق» دېگەن مەنىدە.

21:1 **«پەرۋەردىگار مېنى ئەيىبلەپ گۇۋاھلىق بەردى»** ــ ياكى «پەرۋەردىگار ماڭا قارشى چىقتى» ياكى «مېنى ئازابلىدى». بۇ سۆزلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە ئازراق توختىلىمىز

سەھراسىدىن قايتىپ كەلدى؛ ئۇلار ئىككىسى بەيت-لەھەمگە يېتىپ
كېلىشى بىلەن تەڭ ئارپا ئورمىسى باشلانغانىدى.

## رۇتنىڭ بوئازنىڭ ئېتىزىدا باشاق تېرىشى

2 [1]نائومىنىڭ ئېرىگە تۇغقان كېلىدىغان بوئاز ئىسىملىك بىر
ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئەلىمەلەكنىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ئىنتايىن
باي ئادەم ئىدى. [2]موئاب قىزى رۇت نائومىغا: ــ مەن ئېتىزلىققا باراي،
بىرەركىمنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات تېپىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ
ئارپا باشاقلىرىنى تەرسەم؟ ــ دېدى.
ئۇ ئۇنىڭغا: ــ بارغىن، ئەي قىزىم، دېدى.
[3]شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىقىپ ئېتىزلىقلارغا كېلىپ، ئۇيەردە ئورمىچىلارنىڭ
كەينىدىن باشاق تەردى. بەختىگە يارىشا، دەل ئۇ كەلگەن ئېتىزلىق
ئەلىمەلەكنىڭ جەمەتى بولغان بوئازنىڭ ئېتىزلىقلىرى ئىدى.

[4]مانا، ئۇ ۋاقىتتا بوئاز بەيت-لەھەمدىن چىقىپ كېلىپ، ئورمىچىلار
بىلەن سالاملىشىپ: ــ پەرۋەردىگار سىلەر بىلەن بىللە بولغاي! ــ دېدى.
ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ پەرۋەردىگار ساڭا بەخت-بەرىكەت ئاتا
قىلغاي! ــ دېدى.
[5]بوئاز ئورمىچىلارنىڭ ئۈستىگە نازارەتكە قويۇلغان خىزمەتكارىدىن:
ــ بۇ ياش چوكان كىمنىڭ قىزى بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

---

**1:2** مات. 5:1

**2:2** **«باشاق تېرىش»** ــ تەۋرات قانۇنى بويىچە نامرات كىشىلەر ۋە ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئورمىچىلارنىڭ ئارقىسىدىن چېچىلىپ كەتكەن باشاقلارنى تېرىشىگە رۇخسەت بېرىلىشى كېرەك («لاۋ.» 9:19-10نى كۆرۈڭ).
—گەرچە نائومىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر پارچە ئېتىزى بار بولسىمۇ (3:4)، ئۇنىڭغا شۇ پەسىلدە بىرنەرسە تېرىلمىغانىدى. رۇت مۇشۇ ئىلتىماسى بىلەن نائومىنى «باشاق تېرىش» خىجالەتچىلىكىدىن قۇتقۇزىدۇ.

**5:2** **«خىزمەتكارىدىن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «يىگىتىدىن». **«باشاق تېرىش»** ــ شۇ چاغدا رۇت تېخى تۇل بولغاچقا، شۇنىڭغا يارىشا ئالاھىدە كىيىملىرىنى كىيۋاتقان ئىدى. 3:3نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

[6] ئورمىچىلارنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان خىزمەتكار جاۋاب بېرىپ: ــ
بۇ نائومى بىلەن بىللە موئابنىڭ سەھراسىدىن قايتىپ كەلگەن
موئابىي چوكان بولىدۇ. [7] ئۇ: «ئورمىچىلارنىڭ كەينىدىن ئۆنچىلەرنىڭ
ئارىسىدىكى چېچىلىپ كەتكەن باشاقلارنى تېرىۋالايمۇ؟» دەپ تەلەپ
قىلدى. ئاندىن ئۇ كېلىپ ئەتىگەندىن ھازىرغىچە ئىشلەۋاتىدۇ؛ ئۇ
پەقەت كەپىدە بىرئاز دەم ئالدى، ــ دېدى.
[8] بوئاز رۇتقا: ــ ئەي قىزىم، ئاڭلاۋاتامسەن؟! سەن باشاق تەرگىلى
باشقا بىر كىمنىڭ ئېتىزلىقىغا بارمىغىن، بۇ يەردىنمۇ كەتمە، مېنىڭ
دېدەكلىرىم بىلەن بىرگە مۇشۇ يەردە تۇرغىن. [9] دىققەت قىلغىن،
قايسى ئېتىزدا ئورما ئورغان بولسا، دېدەكلەرگە ئەگىشىپ بارغىن.
مەن يىگىتلەرگە: ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، دەپ تاپىلاپ قويدۇم! ئەگەر
ئۇسساپ قالساڭ بېرىپ، ئىدىشلاردىن يىگىتلىرىم قۇدۇقتىن تارتقان
سۇدىن ئىچكىن، ــ دېدى.

[10] رۇت ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ تىزلىنىپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم
قىلىپ، ئۇنىڭغا: ــ مەن بىر بىگانە تۇرسام، نېمىشقا ماڭا شۇنچە
غەمخورلۇق قىلغۇدەك نەزىرىڭدە شۇنچىلىك ئىلتىپات تاپقانمەن؟ ــ
دېدى.
[11] بوئاز ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ ئېرىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قېيىنئاناڭغا
قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى، شۇنداقلا سېنىڭ ئاتا-ئاناڭنى ۋە ئۆز
ۋەتىنىڭدىن قانداق ئايرىلىپ، سەن بۇرۇن تونۇمايدىغان بىر خەلقنىڭ
ئارىسىغا كەلگىنىڭ ماڭا پۈتۈنلەي ئايان بولدى؛ [12] پەرۋەردىگار
قىلغىنىڭغا مۇۋاپىق ساڭا ياندۇرغاي، سەن قاناتلىرىنىڭ تېگىدە

---

7:2 **«كەپىدە»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۆيدە». ئورما مەزگىلدە ئورمىچىلار بەلكىم ئېتىزلىقتا دەم ئېلىشقا ۋاقىتلىق كەپە سالغان بولسا كېرەك.

8:2 **«دېدەكلىرىم بىلەن بىرگە مۇشۇ يەردە تۇرغىن»** ــ دېدەكلەرنىڭ ئىشى بەلكىم ئارپا پايلىرىنى يىغىپ ئۆنچە قىلىش ئىدى. رۇت «ئۆلارنىڭ قېشىدا» ئىشلىسە كۆپرەك باشاقلارنى تېرەلەيتتى، ئەلۋەتتە.

پاناھ ئىزدىگەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ساڭا
ئۇنىڭ تولۇق ئىنئامى بېرىلگەي، دېدى. [13] رۇت جاۋابەن: ــ ئەي خوجام،
نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقايمەن؛ مەن سېنىڭ دېدىكىڭ بولۇشقىمۇ
يارىمىساممۇ، سەن ماڭا تەسەللى بېرىپ، دېدىكىڭگە مېھرىبانە
سۆزلەرنى قىلدىڭ، ــ دېدى.
[14] تاماق ۋاقتىدا بوئاز ئۇنىڭغا: ــ قېنى، بۇياققا كەلگىن، ناندىن يە،
ناننى سىركىگە تۆگۈرگىن! ــ دېدى. رۇت ئورمىچىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ
ئولتۇردى؛ بوئاز قوماچتىن ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتتى. ئۇ ئۇنىڭدىن
تويغۇچە يېدى ۋە يەنە ئازراق ئاشۇرۇپ قويدى.
[15] ئۇ باشاق تەرگىلى قوپقاندا، بوئاز يىگىتلىرىگە بۇيرۇپ: ــ ئۇنى
ھەتتا ئۆنچىلەرنىڭ ئارىسىدا باشاق تەرگىلى قويۇڭلار، ئۇنى ھېچ
خىجالەتتەقالدۇرماڭلار. [16] ھەتتا ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق باشاقلارنى
ئۆنچىلەردىن ئەتەي ئايرىپ، ئۇنىڭغا تەرگىلى چۈشۈرۈپ قويۇڭلار،
ئۇنى ھېچ ئەيىبلىمەڭلار، دېدى.
[17] شۇنداق قىلىپ ئۇ كەچكىچە ئېتىزلىقتا باشاق تەردى،
تېرىۋالغانلىرىنى سوققاندا، تەخمىنەن بىر ئەفاھ ئارپا چىقتى.
[18] ئاندىن ئۇ ئارپىسىنى ئېلىپ، شەھەرگە كىردى، قېيىنئانىسى ئۇنىڭ
تەرگەن ئارپىسىنى كۆردى؛ ئۇ يەنە ئۇ يەپ تويۇنغاندىن كېيىن ساقلاپ
قويغىنىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى.
[19] قېيىنئانىسى ئۇنىڭغا: ــ سەن بۈگۈن نەدە باشاق تەردىڭ، نەدە
ئىشلىدىڭ؟ ساڭا غەمخورلۇق قىلغان شۇ كىشىگە بەخت-بەرىكەت
ئاتا قىلىنغاي! ــ دېدى.
ئۇ قېيىنئانىسىغا كىمنىڭكىدە ئىش قىلغىنىنى ئېيتىپ: ــ مەن
بۈگۈن ئىشلىگەن ئېتىزنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىسمى بوئاز ئىكەن، دېدى
[20] نائومى كېلىنىگە: ــ تىرىكلەرگىمۇ، ئۆلگەنلەرگىمۇ مېھرىبانلىق

13:2 «**دېدىكىڭ**» ــ ئىبرانىي تىلدا «دېدەك»نى تەسۋىرلەيدىغان ئىككى سۆز بار. رۇت بۇ ئايەتتە بۇلاردىن ئەڭ تۆۋەن ئورۇننى كۆرسىتىدىغان سۆزنى ئىشلىتىپ ئۆزىنى تەسۋىرلەيدۇ.

17:2 «**بىر ئەفاھ ئارپا**» ــ تەخمىنەن 15 كىلوگرامچە ئىدى.

قىلىشتىن باش تارتمىغان كىشى پەرۋەردىگاردىن بەخت-بەرىكەت كۆرگەي! ــ دېدى. ئاندىن نائومى ئۇنىڭغا يەنە: ــ ئۇ ئادەم بىزنىڭ يېقىن تۇغقىنىمىزدۇر، ئۇ بىزنى قۇتقۇزالايدىغان ھەمجەمەتلەردىن بىرىدۇر، ــ دېدى.
[21] موئاب قىزى رۇت يەنە: ــ ئۇ ماڭا يەنە: «مېنىڭ يىگىتلىرىم پۈتۈن
ھوسۇلۇمنى يىغىپ بولغۇچە ئۇلار بىلەن بىرگە بولغىن» دېدى، ــ دېدى.
[22] نائومى كېلىنى رۇتقا: ــ ئەي قىزىم، بىرسىنىڭ ساڭا يامانلىق
قىلماسلىقى ئۈچۈن باشقىسىنىڭ ئېتىزلىقىغا بارماي، ئۇنىڭ دېدەكلىرى بىلەن بىللە چىقىپ ئىشلىسەڭ ياخشىدۇر، دېدى.
[23] شۇنىڭ بىلەن ئارپا ۋە بۇغداي ھوسۇلى يىغىلىپ بولغۇچە، رۇت بوئازنىڭ دېدەكلىرى بىلەن يۈرۈپ باشاق تەردى. ئۇ قېيىنئانىسى بىلەن بىللە تۇرىۋەردى.

---

20:2 **«بىزنى قۇتقۇزالايدىغان ھەمجەمەتلەردىن بىرى»** ــ («»ھەمجەمەت-نىجاتكار»ىمىزدىن بىرى» ياكى «»ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»ىمىزدىن بىرى») ــ بۇ ئىبرانىي تىلىدا «گوئېل» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بار. بىرسى نامراتلىقتىن ئۆزىنى قۇللۇققا سېتىۋەتكەن بولسا ياكى باشقا قىيىن ئەھۋالغا ئۇچراپ مال-مۈلۈكىنى ساتقان بولسا، مۇسا پەيغەمبەر تاپشۇرۇۋالغان قانۇنغا ئاساسەن، شۇ كىشىنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ھەمجەمەتلىرىنىڭ ئۇنى ھۆرلۈككە چىقىرىپ قۇتقۇزۇش ھوقۇقى بار ئىدى. دېمەك، ئۇ سېتىۋالغۇچىغا ئادىل بىر باھادا پۇل بەرسىلا، ئۇ ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى ھۆر قىلىپ قۇتقۇزۇش ھوقۇقى بار ئىدى. ھوقۇقنى ئىشلىتىش ھەمجەمەتنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولاتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ ھوقۇقنى ئىشلەتمەكچى بولسا، ھېچكىم ئۇنى توسالمايتتى. نائومى مۇشۇ يەردە: «بىزدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتى بولغان يېقىن تۇغقانلىرىمىزدىن بىرى بار» دېمەكچى بولىدۇ.
22:2 **«بىرسىنىڭ ساڭا يامانلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «بىرسىنىڭ ساڭا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن». **«باشقىسىنىڭ ئېتىزلىقىغا بارماي، ئۇنىڭ دېدەكلىرى بىلەن بىللە چىقىپ ئىشلىسەڭ ياخشىدۇر»** ــ نائومىنىڭ بۇ ئاگاھ سۆزلىرى بىزگە «باتۇر ھاكىملار» دەۋرىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى ئايان قىلسا كېرەك.

## رۇتنىڭ خامانغا بېرىپ، بوئاز بىلەن كۆرۈشۈشى

3 1 شۇ كۈنلەردە، قېيىنئانىسى نائومى ئۇنىڭغا: ـ ئەي قىزىم، ھال-
ئەھۋالىڭنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، سېنىڭ ئارام-بەختىڭنى ئى
زدىمەيمەنمۇ؟ 2 سەن دېدەكلىرى بىلەن ئىشلىگەن بوئاز بىزگە تۇغقان
كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ مانا، بۈگۈن ئاخشام ئۇ خاماندا ئارپا سورۇيدۇ.
3 ئەمدى سەن يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، ئۆزۈڭگە ئەتىرلىك ماي سۈرۈپ،
ئېسىل كىيىملىرىڭنى كىيىپ، خامانغا چۈشكىن؛ لېكىن ئۇ ئەر
كىشى يەپ-ئىچىپ بولمىغۇچە، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمىگىن. 4 ئۇ
ياتقاندا ئۇنىڭ ئۇخلايدىغان يېرىنى كۆرۈۋال. ئاندىن سەن كىرىپ،
ئاياغ تەرىپىنى ئېچىپ، شۇ يەردە يېتىۋالغىن. ئاندىن ئۇ ساڭا نېمە
قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ، ـ دېدى.
5 رۇت ئۇنىڭغا: ـ سەن نېمە دېسەڭ مەن شۇنى قىلىمەن، ـ دېدى. 6 ئۇ
خامانغا چۈشۈپ، قېيىنئانىسى ئۇنىڭغا تاپىلىغاندەك قىلدى. 7 بوئاز
يەپ-ئىچىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ چەشنىڭ ئايىغىغا بېرىپ ياتتى.
ئاندىن رۇت شەپە چىقارماي كېلىپ، ئاياغ تەرىپىنى ئېچىپ، شۇ يەردە
ياتتى. 8 يېرىم كېچىدە بوئاز چۆچۈپ، ئالدىغا ئېڭىشكەندە، مانا بىر
ئايال ئايىغىدا ياتاتتى!
9 كىم سەن؟! ـ دەپ سورىدى ئۇ.
رۇت جاۋابەن: ـ مەن خىزمەتكارىڭ رۇت بولىمەن. سەن مېنىڭ
ھەمجەمەت-نىجاتكارىم بولغىنىڭ ئۈچۈن خىزمەتكارىڭنىڭ ئۈستىگە
تونۇڭنىڭ ئېتىكىنى يېيىپ قويغايسەن، ـ دېدى.

---

1:3 **«سېنىڭ ئارام-بەختىڭنى ئىزدىمەيمەنمۇ؟»** ـ نائومىنىڭ مۇشۇ «ئارام-بەخت» دېگىنى رۇتنى قايتىدىن ئۆي-ئوچاقلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

3:3 **«ئۆزۈڭگە ئەتىرلىك ماي سۈرۈپ،...»** ـ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆزۈڭنى مەسىھ قىلىپ» ياكى «ئۆزۈڭنى مەسىھلەپ».

8:3 **«چۆچۈپ،...»** ـ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «تىترەپ كېتىپ، ...». ھېچبولمىغاندا، بوئاز پۇتلىرىغا سوغۇق ئۇرۇلغاندا ئويغىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك. **«ئېڭىشكەندە»** ـ ياكى «ئۆرۈلگەندە».

9:3 **«خىزمەتكارىڭ»** ـ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئىبرانىي تىلىدا «دېدەك»نى

**10 ئۇ جاۋابەن: — ئەي قىزىم، پەرۋەردىگاردىن بەخت-بەرىكەت تاپقايسەن!**
**سېنىڭ كېيىن كۆرسەتكەن ساداقەت-مېھرىبانلىقىڭ ئىلگىرى**
**كۆرسەتكىنىڭدىنمۇ ئارتۇقتۇر؛ چۈنكى سېنى ئىزدىگەن يىگىتلەر،**
**مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، باي بولسۇن، ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەتمى**
**دىڭ. 11 ئى قىزىم، ئەمدى قورقمىغىن! دېگىنىڭنىڭ ھەممىسىنى**
**ئورۇنداپ بېرىمەن؛ چۈنكى پۈتكۈل شەھىرىمىزدىكى مۆتىۋەرلەر**
**سېنى پەزىلەتلىك ئايال دەپ بىلىدۇ.**
**12 دۇرۇس، ساڭا ھەمجەمەت-نىجاتكار بولغىنىم راست؛ لېكىن**
**سېنىڭ مەندىن يېقىنراق يەنە بىر ھەمجەمەتىڭ بار. 13 ئەمدى**
**كېچىچە بۇ يەردە قالغىن؛ ئەتە سەھەردە ئەگەر ئۇ ھەمجەمەتلىك**
**ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ سېنى ئېلىشنى خالىسا، ئۇ ئالسۇن؛ لېكىن**
**ھەمجەمەتلىك ھوقۇقى بويىچە سېنى ئالمىسا، پەرۋەردىگارنىڭ**
**ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ساڭا ھەمجەمەتلىك**

---

تەسۋىرلەيدىغان ئىككى سۆز بار. بۇ ئايەتتە رۇت ئورنىنى يۇقىرىراق كۆرسىتىدىغان سۆزنى ئۆزىگە
ئىشلەتتى (13:2نى ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ). **«ھەمجەمەت-نىجاتكار»** — مۇشۇ ئۇقۇم توغرۇلۇق
20:2نى ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«ھەمجەمەت-نىجاتكار»** — رۇت ئېيتقان «تونىڭنىڭ ئېتىكىنى
خىزمەتكارىڭنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويغايسەن» دېگەن ئىبارە: — «مېنى سايەڭنىڭ ئاستىغا ئالغىن،
مېنى ئەمرىڭگە ئالغىن» دېگەننى ۋە ئۆزىنىڭ بوئازنىڭ ئايالى بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
خۇدامۇ ئىسرائىلنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئالغانلىقى توغرۇلۇق شۇ سۆزنى قىلغان — «ئەز.» 8:16نى كۆرۈڭ.
10:3 **«سېنى ئىزدىگەن يىگىتلەر»** — بوئازنىڭ سۆزىگە قارىغاندا (شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەم تىرىشچان ھەم
چىرايلىق بولغاچقا) رۇتنى بىرقانچە يىگىت ئىزدەپ كەلگەن. لېكىن رۇت ئۆز مەيلىگە ئەگىشىپ ئۇلارنى
تاللىماي، بەلكى ئورنىغا قېيىنئانىسى نائومىغا ياخشى بولسۇن دەپ رەھمەتلىك ئېرىگە «ھەمجەمەت-
نىجاتكار» بولغان بوئازنىڭ پاناھلىقىنى ئىزدىگەن. شۇنىڭ بىلەن بوئاز رۇتنىڭ قىلغىنى توغرۇلۇق:
«سېنىڭ كېيىن كۆرسەتكەن ساداقەت-مېھرىبانلىقىڭ ئىلگىرى كۆرسەتكىنىڭدىنمۇ ئارتۇقتۇر» دەيدۇ.
رۇتنىڭ «ئىلگىرى كۆرسەتكەن (ساداقەت-مېھرىبانلىقى)» بولسا قېيىنئانىسىغا بولغان ساداقەتلىكىنى،
ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بوئازنىڭ
«سەن كېيىن كۆرسەتكەن ساداقەت-مېھرىبانلىق» دېگىنى بولسا ئۆزىنى ئىزدىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
11:3 **«پۈتكۈل شەھىرىمىزدىكى مۆتىۋەرلەر»** — ئىبرانىي تىلىدا «خەلقىمنىڭ شەھىرىنىڭ
دەرۋازىسىدىكى كىشىلەر» — قەدىمكى زاماندا «شەھەرنىڭ دەرۋازىسى» ئاقساقاللار ۋە مۆتىۋەرلەر
ئولتۇرىدىغان جاي ئىدى؛ شۇ يەردە سوت ئېچىلاتتى. شۇڭا بوئازنىڭ سۆزىنىڭ تولۇق مەنىسى
«مېنىڭ شەھىرىمدىكى بارلىق مۆتىۋەرلەر سېنى پەزىلەتلىك ئايال دەپ قارايدۇ».

**قىلىپ سىنى ئالاي. تاڭ ئاتقۇچە بۇ يەردە يېتىپ تۇرغىن! ــ دېدى.**
**[14] ئۇ ئۇنىڭ ئايىغىدا تاڭ ئاتقۇچە يېتىپ، كىشىلەر بىر-بىرىنى**
**تونۇغۇدەك بولۇشتىن بۇرۇن قوپتى. چۈنكى بوئاز: ــ بىر ئايالنىڭ**
**خامانغا كەلگىنىنى ھېچكىم بىلمىسۇن، دەپ ئېيتقانىدى.**
**[15] ئۇ يەنە رۇتقا: ــ سەن كىيگەن يېپىنچىنى ئېچىپ تۇرغىن، دېدى. ئۇ**
**ئۇنى ئېچىپ تۇرۇۋىدى، بوئاز ئارپىدىن ئالتە كەمچەن كەملەپ بېرىپ،**
**ئۇنىڭ ئۆشنىسىگە ئارتىپ قويدى. ئاندىن ئۇ شەھەرگە كىردى.**
**[16] رۇت قېينئاناسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ: ــ ئەي قىزىم، سەن ھازىر**
**كىم؟! ــ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېينئانىسىغا ئۇ كىشىنىڭ**
**قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى. [17] ئۇ: ــ ئۇ بۇ ئالتە كەمچەن**
**ئارپىنى ماڭا بەردى، چۈنكى ئۇ: «قېينئاناڭنىڭ يېنىغا قۇرۇق قول**
**قايتىپ بارمىغىن» دېدى، ــ دېدى.**
**[18] نائومى: ــ ئەي قىزىم، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى**
**بىلگۈچە مۇشۇ يەردە تەخىر قىلغىن؛ چۈنكى ئۇ ئادەم بۈگۈن مۇشۇ**
**ئىشنى پۈتكۈزمەي ئارام ئالمايدۇ، دېدى.**

## 4

**[1] بوئاز شەھەر دەرۋازىسىغا چىقىپ، شۇ يەردە ئولتۇردى. مانا، ئۇ**
**ۋاقىتتا بوئاز ئېيتقان ھېلىقى ھەمجەمەتلىك ھوقۇقىغا ئىگە**
**كىشى كېلىۋاتاتتى. بوئاز ئۇنىڭغا: ــ ئەي بۇرادەر، كېلىپ بۇ يەردە**
**ئولتۇرغىن، دېۋىدى، ئۇ كېلىپ ئولتۇردى.**

---

14:3 **«ئېيتقانىدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئېيتقانىدى» ياكى «ئويلىغانىدى» دېگەن مەنە بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە «ئېيتقانىدى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.
15:3 **«ئالتە كەمچەن»** ــ بەلكىم «ئالتە ئەفاھ»، يەنى 27-45 كىلوگرامنى كۆرسىتىشى مۇمكىن
16:3 **«سەن ھازىر كىم؟»** ــ نائومى: «سەن ھازىر كىم؟» دېگەن سوئال بىلەن رۇتنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتىنى سورايدۇ: ئۇ: «ھازىر سەن بوئازنىڭ ئايالى بولدۇڭمۇ-يوق؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ
1:4 **«ئەي بۇرادەر!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئەي، پالانچى-پوكۇنچى!» دېيىلىدۇ. بۇ ئادەم بەلكىم رۇت ۋە نائومىغا قارىتا ھەمجەمەتلىك بۇرچىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلغاچقا، ئۇ بۇ بايانىدا نامسىز قالغان بولسا كېرەك.

**2ئاندىن بوئاز شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ئون ئادەمنى چاقىرىپ،
ئۇلارغىمۇ: ــ بۇ يەردە ئولتۇرۇڭلار، دېدى. ئۇلار ئولتۇرغاندا 3ئۇ
ھەمجەمەتلىك ھوقۇقىغا ئىگە كىشىگە: ــ موئابنىڭ
سەھراسىدىن يېنىپ كەلگەن نائومى قېرىندىشىمىز ئەلىمەلەككە
تەۋە شۇ زېمىننى ساتماقچى بولۇۋاتىدۇ. 4سىس شۇڭا مەن مۇشۇ
ئىشنى ساڭا خەۋەرلەندۈرمەكچى ئىدىم، شۇنداقلا مۇشۇ يەردە
ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىدا ۋە خەلقىمىزنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىدا
«بۇنى سېتىۋالغىن» دېمەكچىمەن. سەن ئەگەر ھەمجەمەتلىك
ھوقۇقىغا ئاساسەن ئالاي دېسەڭ، ئالغىن؛ ھەمجەمەتلىك قىلماي،
ئالمايمەن دېسەڭ، ماڭا ئېيتقىن، مەن بۇنى بىلەي؛ چۈنكى سەندىن
ئاۋۋال باشقىسىنىڭ ھەمجەمەتلىك ھوقۇقى بولمايدۇ؛ ئاندىن
سەندىن كېيىن مېنىڭ ھوقۇقۇم بار، دېدى.
ئۇ كىشى: ــ ھەمجەمەتلىك قىلىپ ئۇنى ئالىمەن، دېدى.
5بوئاز ئۇنىڭغا: ــ ئۇنداقتا يەرنى نائومىنىڭ قولىدىن ئالغان
كۈندە مەرھۇمنىڭ مىراسىغا ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان
بىرەر ئەۋلادى قالدۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەرھۇمنىڭ ئايالى، موئاب
قىزى رۇتنىمۇ ئېلىشىڭ كېرەك، ــ دېدى.
6ھەمجەمەت كىشى: ــ ئۇنداق بولسا ھەمجەمەتلىك ھوقۇقۇمنى
ئىشلىتىپ ئېتىزنى ئالسام بولمىغۇدەك؛ ئالسام ئۆز مىراسىمغا
زىيان يەتكۈزگۈدەكمەن. ھەمجەمەتلىك ھوقۇقىنى سەن ئۆزۈڭ
ئىشلىتىپ، يەرنى سېتىۋالغىن؛ مەن ئىشلىتەلمەيمەن دېدى.**

---

5:4 **«موئاب قىزى رۇتنىمۇ ئېلىشىڭ كېرەك»** ــ «لاۋ.» 25:25-34 ۋە 47-55گە، ۋە «قان.» 5:25-10غا قاراڭ. «رۇت» 4-باب، 6-12-ئايەتتىكى ئىشلارغا قارىغاندا، بەيت-لەھەمدە «پەرزەنتسىز قالغان قېرىندىشىنىڭ تۇل خوتۇنىنى ئېلىش» توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بەجا كەلتۈرۈلۈۋاتقاندا، قوشۇمچە ماددىلار قوشۇلغان بولسا كېرەك (ئەسلىدىكى قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە، بىرسى پەرزەنتسىز ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئاكىسى ياكى ئۇكىسى ئۇنىڭ مىراسىغا مىراسخور قالدۇرۇش ئۈچۈن تۇل خوتۇنىنى ئېلىش كېرەك ئىدى؛ بەيت-لەھەمدىكىلەر مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاكا-ئۇكىسىدىن باشقا بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدۇ، دەپ قوشقان ئوخشايدۇ). «يار.» 8:38-10نىمۇ كۆرۈڭ.

6:4 **«مەن شۇ ھوقۇقنى ئىشلىتەلمەيمەن»** ــ ئۇ كىشى بەلكىم: «ئەگەر رۇتتىن پەرزەنت

[7]قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئىسرائىلدا ھەمجەمەتلىك ھوقۇقىغا ياكى
ئالماشتۇرۇش-تېگىشىش ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر رەسىم-
قائىدە بار ئىدى: ــ ئىشنى كەسمەك ئۈچۈن بىر تەرەپ ئۆز كەشىنى
سېلىپ، ئىككىنچى تەرەپكە بېرەتتى. ئىسرائىلدا سودا-سېتىقنى
بېكىتىشتە مانا مۇشۇنداق بىر ئۇسۇل بار ئىدى. [8]شۇڭا ھەمجەمەت
ھوقۇقىغا ئىگە كىشى بوئازغا: ــ سەن ئۇنى ئالغىن، دەپ، ئۆز كەشىنى
سېلىۋەتتى. [9]بوئاز ئاقساقاللارغا ۋە كۆپچىلىككە: ــ سىلەر بۈگۈن
مېنىڭ ئەلىمەلەككە تەۋە بولغان ھەممىنى، شۇنداقلا كىلىيون بىلەن
ماھلونغا تەۋە بولغان ھەممىنى نائومىنىڭ قولىدىن ئالغىنىمغا
گۇۋاھتۇرسىلەر.



بوئاز رۇتنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشى ئارقىلىق يەرنى قايتۇرۇپ سېتىۋالدۇ

كۆرسەم، ئۇلار مېنىڭ باللىرىم ھېسابلانمايدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار باشقا ئايالىمدىن بولغان پەرزەنتلىرىم بىلەن تەڭ مېنىڭ مىراسىمغا ۋارىس بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۆز پەرزەنتلىرىم ئېرىشىدىغان مىراسىنىڭ ئۈلۈشى ئەسلىدىكىدىن ئازلاپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىساكېرەك؛ شۇڭا ئۇ «ئالمايمەن» دېگەن قارارغا كەلگەن

**7:4** قان. 7:25

**8:4 «ئۆز كەشىنى سېلىۋەتتى»** ــ بۇ كەشنى بوئاز ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ مەزكۇر سودا-سېتىققا ئىسپات بولىدۇ. كەش بەلكىم بىر پارچە يەرنىڭ تەۋەلىكىگە سىمۋول بولۇشى مۇمكىن ئىدى («قان.» 24:11 ۋە 7:25-10نى كۆرۈڭ).

10 ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇمنىڭ نامى قېرىنداشلىرى ئارىسىدىن ۋە
شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۆچۈرۈلمەسلىكى ئۈچۈن مەرھۇمنىڭ
مىراسىغا ئۇنىڭ نامى بولغان بىرەر ئەۋلادى قالدۇرۇلسۇن ئۈچۈن
ماھلوننىڭ ئايالى، موئاب قىزى رۇتنى خوتۇنلۇققا ئالدىم. سىلەر
بۈگۈن بۇنىڭغا گۇۋاھتۇرسىلەر، دېدى.
11 دەرۋازىدا تۇرغان ھەممە خەلق بىلەن ئاقساقاللار: ــ بىز گۇۋاھتۇرمىز.
پەرۋەردىگار سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىرگەن ئايالنى ئىسرائىلنىڭ
جەمەتىنى بەرپا قىلغان راھىلە بىلەن لېياھ ئىككىسىدەك قىلغاي؛
سەن ئۆزۈڭ ئەفراتاھ جەمەتى ئىچىدە باياشات بولۇپ، بەيت-لەھەمدە
نام-ئىززىتىڭ زىيادە بولغاي؛ 12 پەرۋەردىگار ساڭا بۇ ياش چوكاندىن
تاپقۇزىدىغان نەسلىڭ تۈپەيلىدىن سېنىڭ جەمەتىڭ تامار يەھۇداغا
تۇغۇپ بەرگەن پەرەزنىڭ جەمەتىدەك بولغاي! ــ دېدى.

## پادىشاھ داۋۇت بوئاز بىلەن رۇتنىڭ ئەۋلادىدۇر

13 ئاندىن بوئاز رۇتنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلدى.
پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىپ، ئۇ ھامىلىدار بولۇپ بىر
ئوغۇل تۇغدى. 14 قىز-ئاياللار نائومىغا: ــ ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا
ساڭا ھەمجەمەت-نىجاتكار نەسلىنى ئۈزۈپ قويمىغان پەرۋەردىگارغا
تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇلسۇن! شۇ نەسلىڭنىڭ نامى ئىسرائىلدا
ئىززەت-ئابرۇيلۇق بولغاي! 15 ئۇ ساڭا جېنىڭنى يېڭىلىغۇچى ھەم
قېرىغىنىڭدا سېنى ئەزىزلىغۈچى بولىدۇ؛ چۈنكى سېنى سۆيىدىغان،
ساڭا يەتتە ئوغۇلدىن ئەۋزەل بولغان كېلىنىڭ ئۇنى تۇغدى، ــ دېدى.

---

**10:4 «شەھەرنىڭ دەرۋازىسى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «شەھەرنىڭ دەرۋازىسى» قەدىمكى زامانلاردا ئاقساقاللار ۋە مۆتىۋەرلەر ئولتۇرىدىغان جاي ئىدى.

**11:4 «راھىلە ۋە لېياھ»** ــ ياقۇپنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، كۆپ پەرزەنت كۆرگەن.

**11:4** يار. 29:32-35؛ 30:1-25؛ 35:17، 18

**12:4** يار. 38:29؛ 1تار. 2:4؛ مات. 1:3

**14:4 «ھەمجەمەت-نىجاتكار»** ــ شۇ «ھەمجەمەت-نىجاتكار» بولسا تۇغۇلغان بالا ئۆزىدۇر. 15-ئايەتنى كۆرۈڭ.

16 نائومى بالىنى ئېلىپ، باغرىغا باستى ۋە ئۇنىڭغا باققۇچى ئانا بولدى. 17 ئۇنىڭغا قوشنا بولغان ئاياللار «نائومىغا بىر بالا تۇغۇلدى» دەپ، ئۇنىڭغا ئىسىم قويدى. ئۇلار ئۇنىڭغا «ئوبەد» دەپ ئات قويدى. ئۇ يەسسەنىڭ ئاتىسى بولدى، يەسسە داۋۇتنىڭ ئاتىسى بولدى.

## داۋۇت پادىشاھ، يەنى داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ نەسەبنامىسى

18 پەرەزنىڭ نەسەبنامىسى تۆۋەندىكىدەكتۇر: ــ پەرەزدىن ھەزرون تۆرەلدى، 19 ھەزروندىن رام تۆرەلدى، رامدىن ئاممىناداب تۆرەلدى، ئاممىنادابتىن ناھشون تۆرەلدى، ناھشوندىن سالمون تۆرەلدى، 20 ئاممىنادابتىن ناھشون تۆرەلدى، ناھشوندىن سالمون تۆرەلدى، 21 سالموندىن بوئاز تۆرەلدى، بوئازدىن ئوبەد تۆرەلدى، 22 ئوبەدتىن يەسسە تۆرەلدى ۋە يەسسەدىن داۋۇت تۆرەلدى.

16:4 **«باققۇچى ئانا»** ــ بەلكىم قانۇن جەھەتتىن بالىنىڭ ئاتاق ئانىسى بولغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

17:4 **«ئوبەد»** ــ «قۇل»، «خىزمەتكار» دېگەن مەنىدە. **«داۋۇت»** ــ داۋۇت پادىشاھ.

**18:4** 1تار. 2:5؛ مات. 3:1

# قوشۇمچە سۆز

بىز «رۇت» دېگەن كىتابنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنى «باتۇر ھاكىملار» دېگەن تارىخ بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇساق پايدىلىق بولىدۇ. ئىككى تارىخ ئوخشاش بىر دەۋرنى بايان قىلغان. لېكىن كۆپ جەھەتلەردىن ئىككى تارىخنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئىنتايىن چوڭ.

## «باتۇر ھاكىملار» بىلەن «رۇت» دېگەن كىتابنىڭ سېلىشتۇرمىسى: -

(ئا) «باتۇر ھاكىملار»دا تارىخقا مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر ئىنتايىن كۆپ؛ «رۇت»تا ئىنتايىن ئاز.
(ئە) «باتۇر ھاكىملار» بىرقەدەر ئۇزۇن كىتاب؛ «رۇت» بولسا ئىنتايىن قىسقا.
(ب) «باتۇر ھاكىملار»دا پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى ۋە زېمىنىنىڭ ئىشلىرى يېزىلغان؛ «رۇت»تا پەقەت كىچىككىنە بىر شەھەردىكى ئىشلار يېزىلغان.
(پ) «باتۇر ھاكىملار»نىڭ تارىخى 300 يىللىق بىر مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ «رۇت» پەقەت بىر ئەۋلادنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(ت) «باتۇر ھاكىملار»نىڭ تارىخىدا قىرغىنچىلىق، باسقۇنچىلىق، بىر كېنىزەكنىڭ جەسىتىنىڭ پارچە-پارچە قىلىنىشى، ئىچكى ئۇرۇش، رەزىل كاھىنلار قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بەزىلىرى يۈز بەرگەن بىنيامىن زېمىنى بەيت-لەھەم شەھىرىگە پەقەت ئۈچ-تۆت كىلومېتىر كېلىسىمۇ، لېكىن «رۇت»تا خاتىرىلەنگەن ئىشلار «باتۇر ھاكىملار»دا خاتىرىلەنگەن ئىشلارغا مۇتلەق ئوخشىمايدۇ.

بۇ ئىككى كىتابنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇش ئارقىلىق بىز مۇنداق ئاددىي بىر ساۋاقتا ئىگە بولىمىز: — گەرچە ئۆز دەۋرىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قايتا-قايتا گۇناھ قىلىشقا پېتىدىغان «گۇناھنىڭ دەۋرلىكى»گە چۈشۈپ قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئېزىپ ئەگىشىشكە مەجبۇرلانغان ئەمەسمىز. بىز خۇدادىن ئەيمىنىپ، ئۇنى ئىزدىسەك، ھاياتىمىز ئەتراپىمىزدىكىلەردىن تولىمۇ پەرقلىق بولالايدۇ.

## ئەلمەلەكنىڭ ئىسرائىلنى تەرك قىلىش قارارى

ئەگەر ئەلمەلەك ۋە نائومى ئەجدادى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكى تارىختىن ساۋاق-ئىبرەت ئالغان بولسا، ئۆزۈق-تۈلۈك تاپىمىز دەپ خۇدا ئىسرائىل خەلقىگە ئاتا قىلغان زېمىندىن چىقىپ كېتىشىنىڭ دائىم چاتاقلارنى پەيدا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ساۋاقنى بىلگەن بولاتتى. ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارنىڭ تارىخلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. خۇدا ئۆز خەلقىگە «سىلەرگە ياخشى زېمىننى ئاتا قىلىمەن» دېگەن ۋەدىنى قىلغانىكەن، ئۇنىڭ شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئىسرائىللارنى بېقىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەمما مەزكۇر تارىختا ئەلمەلەكنىڭ زېمىندىن ئايرىلىشى توغرۇلۇق پەرۋەردىگاردىن يول سورىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق سۆز يوق؛ قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ پىلاننى خۇدادىن ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي بىر «ئىنسانىي پىلان» دېگىلى بولىدۇ. قەھەتچىلىكتە ئۇلار پەرۋەردىگاردىن يول سورىغان بولسا، شۈبھىسىزكى، خۇدا بۇنىڭ مەلۇم بىر يول ئارقىلىق ئۇلارغا يۈرگۈزگەن «تەربىيىلىك جازا»سىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۆز خەلقى ئۆزگە قاراپ توۋا قىلىپ قايتىپ كەلسە، ئۇلارغا ئۆزۈق-تۈلۈكنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتەتتى (خۇدانىڭ شۇنداق «تەربىيىلىك جازا»لىرى توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»ىمىز ۋە «باتۇر ھاكىملار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ).

ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قارارى ئەھۋالنى تېخىمۇ بەتتەرلەشتۈردى. ئۇلارنىڭ «ئىنسانىي پىلان»ى ئۆزلىرىنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن ۋە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزمىدى.

ھالبۇكى، خەقنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان يوقسۇل بىر ئايالنىڭ قارارى بۇ ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىدۇ. نائومى پەلەستىنگە (قانائانغا) قايتىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، رۇت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلىدۇ؛ نەتىجىدە، ئۇ ئاخىرىدا رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئەجدادى بولۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. ماتتا تەرىپىدىن پۈتۈلگەن مەسىھنىڭ نەسەبنامىسىدا رۇت تىلغا ئېلىنىدۇ؛ يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئەنئەنىلىرى بويىچە نەسەبنامىلەردە پەقەت ئەرلەرنىڭ ئىسملىرىلا خاتىرىلىنىدۇ («مات.» 5:1)؛ رۇت ئايال ھەم موئابلىق بولۇپ، يەھۇدىي بولمىسىمۇ، يەنىلا شۇ نەسەبنامىدا تېپىلىدۇ.

## «رۇت»تا كۆرۈنگەن ئىسىملارنىڭ مەنىلىرى

«ئەلىمەلەك» — «مېنىڭ خۇدايىم پادىشاھدۇر». گەرچە ئۇنىڭ شۇنداق ياخشى ئىسمى بولسىمۇ، ئەلىمەلەك خۇدانىڭ ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىن قورققانلارنى ساقلايمەن دېگەن ۋەدىلىرىدە تۇرىدىغانلىقىنى چىڭ تۇتمىغان ئوخشايدۇ.

«نائومى» — «يېقىملىق»، «كۆكۈللۈك» دېگەن مەنىدە. نائومىنىڭ ئۆز ئىسمى توغرۇلۇق ئاچچىق سۆزلىرىنى 1:20دە كۆرۈڭ. ئەمما ئاخىرقى ھالىتىدىن ئۇنىڭ ئىسمى ھەقىقەتەن جىسمىغا لايىق بولدى.

ئەلىمەلەكنىڭ ئىككى ئوغلىدىن: — «ماھلون» — «بىمار»، «ئاغرىق» دېگەننى، «كىلىيون» — «ئاجىز»، «زەئىپ»، «بوش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى دەرۋەقە ياكى ئۇلارنىڭ جىسمانىي ھالىنى ياكى بەلكىم بېشارەتلىك ھالدا ئۇلارنىڭ «ئىمان-ئىشەنچى ئاجىز» دېگەن روھىي ھالىتىنى سۈپەتلىگەن بولسا كېرەك.

«رۇت» — «دوستلۇق» ياكى «دوست» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. رۇت دەرۋەقە ئىنتايىن سادىق دوست ئىدى.

«ئورپاھ» — «جەرەن» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

«بوئاز» — بەلكىم «ئۇنىڭدا كۈچ بار» ياكى «چاققانلىق»، «يۈرۈشلۈك» دېگەن مەنىدە. بۇ ئىككى تەرەپ دەرۋەقە ئۇنىڭدا كۆرۈنەرلىكتۇر. بوئازنىڭ ئانىسى (سالموننىڭ ئايالى) يېرىخودىكى «پاھىشە ئايال راھاب» ئىدى («يەشۇئا» 2-باب، 17:6، 23، «مات.» 5:1، «ئىبر.» 31:11نى كۆرۈڭ). بوئاز بىرسىنىڭ ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولغاندىكى قىيىنچىلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەن.

## مۇئەللىپىنىڭ كىتابنى يېزىشتا نېمە مەقسەتلىرى بار؟

مۇئەللىپىنىڭ (ۋە شۇنىڭدەك خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ، ئەلۋەتتە) كىتابتا بولغان مەقسەتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز: —

(1) داۋۇت پادىشاھنىڭ يەھۇدانىڭ نەسلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش؛

(2) خۇداسىزلىق بىر دەۋردە خۇداغا ئىتائەتمەن ۋە ئىخلاسمەن بولۇشقا

مۇمكىنچىلىك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش؛ خۇدانىڭ «قالدىسى» ئۆزگە سادىق تۇرۇۋېرىدۇ.

(3) «ھەمجەمەت-نىجاتكار» دېگەننىڭ رولىنى بايان قىلىش. بۇنىڭ مۇھىملىقى دەل شۇكى، تەۋرات ھەم ئىنجىلدا خۇدانىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئەۋەتكەن مەسىھى ئارقىلىق ئىسرائىلغا، ئاندىن پۈتكۈل دۇنياغا «ھەمجەمەت-نىجاتكار» بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىش؛

(4) داۋۇتنىڭ جەمەتىنىڭ تارىخىنى كۆرسىتىش.

«رۇت»نىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدىن قارىغاندا، ئېنىقكى، كىتاب ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەردىن ئاز دېگەندە ئۈچ دەۋردىن كېيىن ھازىرقى شەكلىدە يېزىلغان. شۈبھىسىزكى، مەزكۇر كىتاب يېزىلغان ۋاقىتقىچە، بۇ ئىشلار بوئاز جەمەتى ئۈچۈن ئىنتايىن قەدىرلەنگەن بىر ئائىلە تارىخى بولۇپ كەلگەن. ئەمما كىتابنىڭ داۋۇت تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن يېزىلغانلىقى يەنە ئېنىق؛ چۈنكى 17:4دە «ئۇ (ئوبەد) يەسسەنىڭ ئاتىسى بولدى؛ يەسسە پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئاتىسى بولدى» دېمەي، بەلكى «ئۇ (ئوبەد) يەسسەنىڭ ئاتىسى بولدى؛ يەسسە داۋۇتنىڭ ئاتىسى بولدى» دەپ يېزىلغاندۇر.

تەۋراتتىكى «سامۇئىل» دېگەن تارىخنى ئوقۇغانلار ئىسرائىلنىڭ بىرىنچى پادىشاھى بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان سائۇل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ھالبۇكى، سائۇل ھۆكۈم سۈرۈش ۋەزىپىسىنى ياخشى باشلىغان بولسىمۇ، ئۇ ئاخىرىدا ۋاپاسىزلىق تۈپەيلىدىن خۇدا تەرىپىدىن پادىشاھلىقىدىن چەتكە قېقىلىدۇ. سامۇئىل پەيغەمبەر ئاستىرتىن داۋۇتنى كەلگۈسى پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلەيدۇ («1سام.» 16-باب). سائۇل ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىسرائىل خەلقى داۋۇتنى ھەقىقىي يەھۇدىي ئەمەس» دەپ قارشى مۇمكىن ئىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ نەسەبنامىسىدە «يەھۇدىي بولمىغان» ئىككى ئايال، يەنى «پاھىشە راھاب» ۋە «موئاب قىزى رۇت» بار ئىدى. شۇڭا بەزىلىرى داۋۇتنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى پىكىردە بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى دەرۋەقە سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەتكە ئەگەشكەن («2سام.» 8-10-باب). شۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىنچىلىكى باركى، سامۇئىل پەيغەمبەر خەلقنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ۋە بوئاز جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەقىقىي پەزىلەتلىرىنى بىلىپ يېتىشى ئۈچۈن «رۇت» دېگەن مەزكۇر تارىخنى يازغان؛ ئەمەلىيەتتە بوئاز

ۋە رۇتنىڭ يۇكسەك ئەمەللىرى بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ (يەنى سائۇلنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ) دەھشەتلىك تارىخى («باتۇر ھاكىملار»دا خاتىرىلەنگەن) بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

«باتۇر ھاكىملار» ۋە «رۇت»نىڭ داۋۇتنىڭ پادىشاھ بولۇشىدىن ئىلگىرى يېزىلغانلىقىغا يەنە كىچىك بىر پارچە ئىسپات بار. «باتۇر ھاكىملار»دىكى 1-بابتا، «لېكىن بىنيامىنلار بولسا يېرۇسالېمدا ئولتۇرۇۋاتقان يەبۇسىيلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەلمىدى؛ شۇڭا تا بۈگۈنگىچە يەبۇسىيلار بىنيامىنلار بىلەن يېرۇسالېمدا بىللە تۇرماقتا» دېيىلىدۇ («ھاك.» 21:1). ھالبۇكى، داۋۇت پادىشاھ بولۇپ تىكلەنگەندىن كېيىن دەسلەپكى ئەمەللىرىنىڭ بىرى يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى پايتەختى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى («2سام.» 5:6-7). شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر كىتابلار شۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى، ئەمما داۋۇت ئاللىقاچان مەشھۇر بولۇپ قالغان بىر مەزگىلدە (بەلكىم سامۇئىل پەيغەمبەر تەرىپىدىن) يېزىلغان بولسا كېرەك.

(5) خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنىڭ «يەھۇدىي ئەمەسلەر» («يات ئەللەر»، «تائىپىلەر»)نى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ئىسپاتلاش.

(6) مەسىھنىڭ «ھەمجەمەت-نىجاتكار» بولىدىغانلىقىغا بىر خىل «بېشارەتلىك تارىخ» ياكى «بېشارەتلىك رەسىم»نى كۆرسىتىش.

## مەسىھ ئەيسانىڭ بارلىق ئىنسانلارغا «ھەمجەمەت-نىجاتكار» بولۇشى

تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇدانى «ھەمجەمەت-نىجاتكار» (ئىبرانىي تىلىدا «گوئېل») دەپ كۆرسىتىشىنىڭ ئۆزى ئادەمنى ئىنتايىن ھەيران قالارلىق ئىشتۇر. چۈنكى خۇدا قانداقمۇ ئىنسانغا «ھەمجەمەت» ياكى «تۇغقان» بولسۇن؟ مەسىلەن، «ئايۇپ» 25:19دە مۇنداق دېيىلىدۇ: —

«مەن شۇنى بىلىمەنكى، ئۆزۈمنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىم ھاياتتۇر،
ئۇ ئاخىرەت كۈنىدە يەر يۈزىدە تۇرۇپ تۇرىدۇ!»

بىز بولۇپمۇ «رۇت» دېگەن كىتاب ئارقىلىق «ھەمجەمەت نىجاتكار» بولۇش ئىشى

توغرۇلۇق تېخىمۇ خەۋەردار بولغاچقا، ئايۇپ پەيغەمبەرنىڭ بۇ بېشارىتىنى: «مېنىڭ ئەرشتە بىر يېقىنىم، ماڭا تۇغقان بولغان بىرسى بار؛ ئۇ ماڭا تۇغقان بولغاچقا مېنى قۇتقۇزۇشقا رازى بولىدۇ؛ ئۇ ئاخىرقى زاماندا كېلىپ، خۇدانىڭ ھۆكۈملىرىنى سۈرۈپ، بارلىق ئىشنى سوراپ ھەممىسىنى دۇرۇس قىلىدۇ!» دېگەندەك چۈشەنسەك بولىدۇ

رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئەرشتىن كېلىپ، ئىنسان بولۇپ تۇغۇلغاچقا («يۇھ.» 14:1)، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن «ھەمجەمەت-نىجاتكار» بولۇش ئورنىنى ئالىدۇ.

«ھەمجەمەت نىجاتكار»نىڭ مەلۇم بىر تۇغقىنىنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى سالاھىيەتلىرى بولۇشى كېرەك: —

(1) ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇشى كېرەك؛

(2) ھۆرلۈك بەدىلىنى تۆلەشكە رازى بولۇشى كېرەك؛

(3) ئۇنىڭدا ھۆرلۈك بەدىلى بولۇشى كېرەك ۋە ئۇنى نەق مەيداندا تۆلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك!

(4) ئۆزى ئەركىن كىشى بولۇشى كېرەك (ئۇنى توسىدىغان ياكى ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالىدىغان باشقا بىر ئىش ياكى ئەھۋال بولماسلىقى كېرەك)؛

ئىنجىلنى ئوقۇغاندا، ئوقۇرمەنلەر رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ سالاھىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى بار بولغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. بوئاز «ھەمجەمەت-نىجاتكار»لىق ئىشىنى ئادا قىلىشى بىلەن ئۇ يەھۇدىي بولمىغان رۇتنى خۇدانىڭ خەلقىنىڭ تەۋراتتىكى «نىجاتلىق تارىخ»نىڭ بىر قىسمى قىلىپ كىرگۈزىدۇ. مەسىھ ئەيسا «ھەمجەمەت-نىجاتكار»لىق ئىشىنى ئادا قىلىشى بىلەن يەھۇدىي بولمىغان بىزلەرنى (ئىشەنگەن بولساق) خۇدانىڭ خەلقىنىڭ تولۇق ھەم مەڭگۈلۈك «نىجاتلىق تارىخ»ىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ كىرگۈزىدۇ. بوئاز ۋە رۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ئاشىق-مەشۇقلۇق تارىخ» بولسا مەسىھ بىلەن نۇرغۇنلىغان «يات ئەللىكلەر»دىن تەركىب تاپقان جامائىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت ۋە مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان ئاجايىب بىر رەسىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل مۇقەددەس كىتابنى خۇدانىڭ ئۆز خەلقى بولغان جامائەتكە چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ئايان قىلغان، «قوزىنىڭ توي زىياپىتى» بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بىرخىل «رومانتىك ھېكايە» دېگىلى بولىدۇ («ۋەھ.» 9:19، 9:21-27).

# «سامۇئىل كىتابى»

## بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قىسمى

# تەۋرات 9-قىسىم

# سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ كىتابى

## بىرىنچى قىسمى («سامۇئىل «1»»)

## كىرىش سۆز

## (بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قىسمىغا)

تەۋراتتىكى بارلىق تارىخىي قىسىملارغا ئوخشاش، «سامۇئىل» دېگەن كىتاب خۇدانىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قاراتقان نىجاتلىق پىلانىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىنىڭ خاتىرىسىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بۇ جەريان قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى مەنزىل قىلغان.

گەرچە «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ كۆپ نۇسخىلىرىدا «سامۇئىل» دائىم ئىككى كىتاب قىلىپ («سامۇئىل (1)» ۋە «سامۇئىل (2)») نەشر قىلىنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «سامۇئىل» ئەسلىدە ئىبرانىي تىلىدا بىرلا كىتاب ئىدى. شۇڭا بىز ئۇلارنى «سامۇئىل - بىرىنچى قىسىم» ۋە «سامۇئىل - ئىككىنچى قىسىم» دەپ ئاتىدۇق. بىراق ئىخچام بولسۇن ئۈچۈن يەنىلا «سامۇئىل (1)» ۋە «سامۇئىل (2)» دەپ ئاتايمىز. بۇ كىرىش سۆز «سامۇئىل (1)» ۋە «سامۇئىل (2)»گىمۇ ئورتاق بولىدۇ.

ئۇشبۇ تارىخ ئون ئىككى قەبىلىدىن تەركىب تاپقان ئىسرائىل خەلقىنىڭ «هاكىملىق» تۈزۈمىدىن پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئۆتۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ («هاكىملىق» تۈزۈمى ۋە «پادىشاھلىق» تۈزۈمىنىڭ پەرقى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز). بۇ جەريان سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن

يۈز بېرىدۇ. سامۇئىل بولسا ئىسرائىلنىڭ «باتۇر ھاكىم»لىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھەم تەۋراتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ «ھاكىملىق» خىزمىتى ۋە ئىسرائىلنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى پادىشاھى سائۇل بىلەن داۋۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ئۇشبۇ كىتابتا خاتىرىلىنىدۇ (نامەلۇم سەۋەبتىن سائۇل قۇرئاندا «تاللوت» دەپ ئاتىلىدۇ).

تارىخ تۇغماس ئايالنىڭ ئوغۇل بالا تىلىگەن دەردلىك دۇئاسى بىلەن باشلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق كىچىككىنە، ھەتتا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان بىر ئىش بىلەن خۇدانىڭ نىجات پىلانىنىڭ يېڭى بىر بابى ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىرى ئالغا سۈرۈلىدۇ. خۇدانىڭ يوللىرى دائىم دېگۈدەك شۇنداق بولىدۇ.

ھانناھنىڭ ئوغۇل بالا تىلىكى ئىلتىجا قىلىنىدۇ. ھانناھ قەسىمدە چىڭ تۇرۇپ، تۇغقان بالىسى سامۇئىل (مەنىسى، «خۇدادىن تىلىگەن» ياكى «خۇدا ئاڭلىدى»)نى ئۆمۈرۋايەت ئىبادەت چېدىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سامۇئىلنى ئەمچەكتىن ئايرىش بىلەنلا ئىبادەت چېدىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئەلى دېگەن باش كاھىن، يەنى شۇ چاغدىكى «ھاكىم»غا تاپشۇرىدۇ. كىچىك بالا شۇ يەردە قالىدۇ. ئەلى ياشانغان بولغاچقا، شۈبھىسىزكى، سامۇئىل ئۇنىڭ جېنىغا ئەسقاتىدۇ ھەم ئۇنىڭغا تەسەللى بولىدۇ.

شۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا زۇلمەتلىك كۈنلەر ئىدى. «باتۇر ھاكىملار» دېگەن كىتاب شۇنىڭغا ئىسپات بېرىدۇكى، خۇدا تاللىغان ئەل ئىچىدە بۇتپەرەسلىك، خۇراپىيلىق ۋە تۈرلۈك نومۇسسىزلىق ئەۋج ئالغانىدى. ئۇلار دائىم ئەتراپىدىكى ئەللەر ۋە قاراقچىلار تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرايتتى. ئەلنىڭ ئۆز ئوغۇللىرى ئىبادەت چېدىرىدىكى خىزمەتنى پۇل تاپىدىغان ئالدامچىلىققا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. شۇنداق ئەھۋالدا ھەممىگە قادىر خۇدا ئۆز سۆز-كالامىنى كىچىك بىر بالا ئارقىلىق يەتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ ئىسرائىل خەلقىمنى جازالايمەن، دېگەن سۆزى يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ بەلكىم پەقەت بەش-ئالتە ياشتا بولۇشى مۇمكىن. خۇدانىڭ جازاسى بولسا، دائىم ئاۋۋال ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى بار كىشىنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ — شۇڭا شۇ چاغدا ئەلى ۋە جەمەتىدىكىلەرگە

چۈشتى. ئەلى ئۆزى دۇرۇس ئادەم بولسمۇ، ئۇ يەنىلا ئوغۇللىرىنى يامان يوللاردىن توسمىغانلىقىغا جاۋابكار ئىدى.

مانا بۇ سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان سۆز-كالامىنى يەتكۈزۈش خىزمىتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. گەرچە بۇ خىزمىتىنىڭ كۆپ تەپسىلاتلىرى بىزگە ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، ئېنىقكى، ئۇ قۇرامىغا يەتكۈچە خۇدانىڭ ھەرخىل ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىرىنى بارغانسېرى كۈچلۈك ھالدا يەتكۈزۈپ كەلگەنىدى.

سامۇئىلدىن ئىلگىرىكى بىر پەيغەمبەرنىڭ بەرگەن بېشارىتى بويىچە، ئەلى ۋە ئوغۇللىرى دۇنيادىن كېتىشى بىلەن ئىسرائىلغا «ھاكىم بولۇش» مەسئۇلىيىتى سامۇئىلنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. شۇنىڭدەك ئىسرائىل ئۈچۈن باش كاھىنلىق رولىنىڭ بىر قىسمىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى («1سام.» 35:2دىكى بېشارەتنىڭ بىرىنچى قىسمىدا دەل مۇشۇ ئىش كۆرسىتىلگەن، بىراق سامۇئىلنىڭ كاھىنلىقتا ۋارىس بولىدىغان لاۋىيلار قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس). شۈبھىسىزكى، ئەينى چاغدا كاھىنلىق كىشىلەرنى شۇنچە بىزار قىلغانىدى، بۇ ئىش خۇدانىڭ كاھىنلىقنى چىرىكلىكتىن خالىي قىلىپ تۈزۈتۈشىدىكى ۋاقىتلىق ئەمما زۆرۈر ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. ئەمما خۇدانىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاخىر بېرىپ لاۋىيلارغا تاپشۇرۇلغان كاھىنلىق تۈزۈمىنى باشقا ئەۋزەل كاھىنلىق تۈزۈمى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، دەپ پۈرىتىدۇ. دەرۋەقە، مەسىھنىڭ كاھىنلىقى بارلىققا كېلىشى بىلەن لاۋىيلارنىڭ كاھىنلىقىنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

بىزگە خەۋەرلەندۈرۈلىدۇكى، سامۇئىل ئىسرائىلغا بارلىق كۈنلىرىدە پەقەت تەۋرات قانۇنىنى پاك-دىيانەتلىك بەجا كەلتۈرۈش بىلەن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلىك كۆرسەتمىلەر، ئەخلاقلىق تەلىملەر ۋە ھەممىدىن مۇھىمى، ئۆزىنىڭ پەزىلەتلىك ئۈلگىسى بىلەنمۇ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇ مەزگىلنىڭ ئاخىرىدا ئىسرائىل ئەندىشىگە چۈشكەنىدى. خۇدانىڭ بۇ پەزىلەتلىك ئادىمىنىڭ ئورنىنى كىم باسىدۇ؟ سامۇئىلنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇنىڭ ئىزىنى باسمايتتى. ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى سامۇئىلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ــ سەندىن كېيىن خۇدا بۇرۇنقىدەك يەنە بولغۇسى ھاكىمنى تەيىنلەرمۇ؟ ــ دەيدۇ. ئۇلار بۇنداق سۆزلەر بىلەن خۇدانىڭ خېلى

بۇرۇنقى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بولغان گۇمانىنى بىلدۈرۈپ، ئۆز ئەقلى-خاھىشى بويىچە سامۇئىلغا: «بىزگە بىر پادىشاھ تىكلەپ بېرىلسۇن!» ــ دەپ تەلەپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ ئۇلاردىن داۋاملىق خەۋەر ئېلىشىغا ئىشەنمەسلىكى پەرۋەردىگارنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تېگىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ سامۇئىل پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدۇ. ئۇلار بۇ تىلىكىنى بىلدۈرۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، پادىشاھ تاللاش توغرۇلۇق كۆرسەتمە بېرىلدى – قەددى-قامەتلىك، قىياپىتى كېلىشكەن سائۇل ئىسىملىك بىر كىشى ئۇلارغا كۆرسىتىلىدۇ. ھالبۇكى، گەرچە سائۇل دەسلەپتە خۇدانىڭ ھەقىقىي باشپاناھ ۋە تايانچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ۋە ئۆزىنىڭ يۈرەكلىك ۋە كەڭ قورساقلىقىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ھالقىلىق پەيتتە ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئەقلىگىلا تايىنىپ، خۇداغا باغلىغان ئىشەنچتىن ئايرىلىدۇ، ھەتتا كاھىنلىق تۈزۈمگە ھاراملىق قىلىپ ئۇنى بۇلغايدۇ. بۇ ئېغىر ئاسىيلىق ئۈچۈن سامۇئىل ئۇنىڭغا، خۇدا سېنى پادىشاھلىقتىن ئۆرۈيدۇ، دەپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ ھەمدە خۇدا كۆڭلىدىكىدەك باشقا بىر ئادەمنى پادىشاھ بولۇشقا ئاللىقاچان تاللىغان، دەيدۇ.

خۇدا ئاستىرتىن سامۇئىلغا كېيىنكى پادىشاھنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، يەنى ياش بىر يىگىت پادىچى داۋۇت ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سامۇئىل بېرىپ، داۋۇتنى ئائىلىسىدىكىلەر ئالدىدا پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىش ئۇلار ئارىسىدا مەخپىي تۇتۇلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي داۋۇت ئۆزى ئوردىغا پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن كىرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى جۈرئەت ھەم قابىلىيەتنى نامايان قىلىدۇ. سائۇل ئۇنىڭ مەنسىپىنى كۆتۈرىدۇ، ئەمما داۋۇتنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ۋە تەسىرىگە ھەسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي، داۋۇت سائۇلنىڭ سەردارى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى سائۇل جېنىنى ئالماقچى بولغان قاچقۇن «جىنايەتچى» بولۇپ قالىدۇ. داۋۇت بىرنەچچە يىل مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋە مۇشەققەتلىك سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئاخىر بېرىپ سائۇل دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭدە ئۆلتۈرۈلىدۇ، داۋۇت پادىشاھ بولىدۇ. داۋۇتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈرگۈزگەن سەلتەنىتىنىڭ تەپسىلاتلىرى «سامۇئىل»نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا بايان قىلىنىدۇ.

كىتابتا خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەر ھەم خۇدانىڭ ئىسرائىل پادىشاھلىقىدا بولغان مۇددىئا-مەقسەتلىرى ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

# كىتابنىڭ مۇئەللىپى

ئۇشبۇ كىتابتىكى تارىخلارنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغا قارىغاندا، تارىخچى (ياكى تارىخچىلار) تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرگە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان بولسا كېرەك. ئۇ (ياكى ئۇلار) ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بىزگە ئېيتمايدۇ؛ پەرزىمىزچە كىتابنىڭ مۇئەللىپى ساموئىل پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ۋە «قوشۇمچە مۇئەللىپى» كېيىنچە داۋۇتنىڭ ئوردىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ناتان پەيغەمبەر بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

## مەزمۇن («ساموئىل «1»»): -

1-3 باب: ساموئىلنىڭ تۇغۇلۇشى؛ خۇدا ئۇنى چاقىرىدۇ.

4-باب: خۇدانىڭ «ئەھدە ساندۇقى» بۇلاپ كېتىلىدۇ؛ ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئەلى ئۆلىدۇ.

5-7 باب: خۇدا فىلىستىيلەرنى جازالايدۇ؛ «ئەھدە ساندۇقى» ئىسرائىلغا قايتۇرۇلۇپ كېلىدۇ.

8-باب: ئىسرائىل ساموئىلدىن، ئۇستىمىزگە پادىشاھ تەيىنلەنسۇن، دەپ تەلەپ قىلىدۇ.

9-10 باب: سائۇل پادىشاھلىققا تاللىنىدۇ.

11-15 باب: سائۇلنىڭ دەسلەپكى سەلتەنتى؛ ئۇ چەتكە قېقىلىدۇ.

16-باب: ساموئىل داۋۇتنى پادىشاھلىققا مەسىھ قىلىدۇ؛ داۋۇت سائۇلنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ.

17-باب: داۋۇت گولىئات گىگانتنى ئۆلتۈرىدۇ.

18-20 باب: داۋۇت كۆتۈرۈلىدۇ؛ داۋۇتنىڭ يوناتان بىلەن بولغان دوستلۇقى؛ سائۇل ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلەيدۇ.

21-27 باب: داۋۇت قاچىدۇ، سەرگەردان «جىنايەتچى» بولۇپ قالىدۇ.

28-31 باب: سائۇل باخشى ئايالدىن ياردەم سورايدۇ؛ فىلىستىيلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا چىقىدۇ؛ ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

# ساموئىل «1»

## دەرد-ئەلەمدىن بولغان تىلەك

1 1 ئەفرائىم تاغلىقىدىكى راماتائىم-زوفىمدا ئەلكاناھ ئىسىملىك
بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئەفرائىملىق بولۇپ، يەروھامنىڭ ئوغلى،
يەروھام ئېلىخۇنىڭ ئوغلى، ئېلىخۇ توخۇنىڭ ئوغلى، توخۇ زۇفنىڭ
ئوغلى ئىدى. 2 ئۇنىڭ ئىككى ئايالى بار ئىدى. بىرسىنىڭ ئىسمى
ھاناناھ، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى پەنىنناھ ئىدى. پەنىنناھنىڭ
باللىرى بار ئىدى، لېكىن ھاناناھنىڭ بالىسى يوق ئىدى. 3 بۇ
ئادەم ھەر يىلى ئۆز شەھىرىدىن ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىپ قۇربانلىق سۇنغىلى شىلوھقا
باراتتى. ئۇ يەردە ئەلىنىڭ خوفنىي ۋە فىنىھاس دېگەن ئىككى
ئوغلى پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرى بولۇپ ئىشلەيتتى. 4 ھەر قېتىم
ئەلكاناھ قۇربانلىق قىلغان كۈنىدە ئۇ قۇربانلىقتىن ئايالى پەنىنناھ
ۋە ئۇنىڭ ھەربىر ئوغۇل-قىزلىرىغا ئۆز ئۈلۈشىنى بېرەتتى. 5 ئەمما
ھاناناھقا بولسا ئۇ ئىككى ھەسسىلىك ئۈلۈش بېرەتتى؛ چۈنكى
ئۇ ھاناناھنى تولىمۇ سۆيەتتى. لېكىن پەرۋەردىگار ئۇنى تۇغماس قى
لغانىدى. 6 پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنى تۇغماس قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ
كۈندەش رەقىبى پەنىنناھ ھاناناھنى ئازابلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن
قاتتىق قېرىشاتتى. 7 ۋە ھەر يىلى، ھاناناھ ھەر قېتىم پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىگە چىققاندا، پەنىنناھ ئۇنىڭغا ئازار بېرەتتى. پەنىنناھ شۇنداق

**1:1** 1تار. 6:11، 12

**3:1** مىس. 23:14؛ قان. 16:16.

5:1 **«لېكىن پەرۋەردىگار ئۇنى تۇغماس قىلغانىدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «لېكىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بالىياتقۇسىنى ئېتىۋەتكەنىدى».

**قىلغاچقا، ئۇ يىغلاپ ھېچ نېمە يېمەيتتى. [8] ئاخىرى ئۇنىڭ ئېرى**
**ئەلكاناھ ئۇنىڭغا: ــ ئى ھاننا، نېمىشقا يىغلايسەن؟ نېمىشقا**
**بىرنەرسە يېمەيسەن؟ نېمىشقا كۆڭلۈڭ ئازار يەيدۇ؟ مەن ئۆزۈم ساڭا**
**ئون ئوغۇلدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟! ــ دېدى.**
**[9] ئۇلار شىلوھدا يەپ-ئىچكەندىن كېيىن (ئەلى دېگەن كاھىن شۇ**
**چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىشىكى يېنىدىكى**
**ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى) ھاننا داستىخاندىن تۇردى؛ [10] ئۇ قاتتىق**
**ئازاب ئىچىدە پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ زار-زار يىغلايتتى. [11] ئۇ قەسەم**
**ئىچىپ: ــ ئى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار،**
**ئەگەر دېدىكىڭنىڭ دەردىگە يېتىپ، مېنى ياد ئېتىپ دېدىكىڭنى**
**ئۇنتۇماي، بەلكى دېدىكىڭگە بىر ئوغۇل بالا ئاتا قىلساڭ، ئۇنى**
**پۈتۈن ئۆمرىنىڭ كۈنلىرىدە سەن پەرۋەردىگارغا بېغىشلايمەن؛ ئۇنىڭ**
**بېشىغا ئۇستىرا ھېچقاچان سېلىنمايدۇ، دېدى.**
**[12] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا دۇئاسىنى داۋام قىلىۋاتقاندا، ئەلى**
**ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇردى؛ [13] چۈنكى ھاننا دۇئانى ئىچىدە**
**قىلغاچقا لەۋلىرى مىدىرلاۋاتقىنى بىلەن ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. شۇڭا**
**ئەلى ئۇنى مەست بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدى. [14] ئەلى ئۇنىڭغا: ــ**

---

7:1 **«ۋە ھەر يىلى، ھانناھ ھەر قېتىم پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چىققاندا، پەنىنناھ ئۇنىڭغا ئازار بېرەتتى»** ــ نېمىشقا ئۇلار ھەر قېتىم «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چىققاندا» شۇنداق بولىدۇ؟ ــ بىزنىڭچە ھەر قېتىم بىر ئىبرانيي ئائىلە خۇدانىڭ ئالدىغا شۇنداق كەلگەندە، ئۇلار بارلىق بالىلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىشى مۇمكىن. شۇ چاغلاردا پەنىنناھ ھانناھقا «سەن بىر تۇغماس!» دەپ ئەسلىتەتتى.

— —بەزى تەرجىمىلەردە مۇشۇ جۈملىنىڭ بېشىدا: «ئۇ (ئەلكاناھ) ھەر يىلى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چىققاندا، ھانناھ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بارغاندا...» دېيىلىدۇ.

**8:1** رۇت 15:4.

11:1 **«ئۇنىڭ بېشىغا ئۇستىرا ھېچقاچان سېلىنمايدۇ»** ــ تەۋرات دەۋرىدە بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ ئىبادىتىگە بېغىشلاش مەقسىتىدە ئۆزلىرىنى «نازارىي» دەپ ئاتايتتى؛ «نازارىي»لار (نازارىي بولۇشقا قەسەم ئىچىپ بېكىتىلگەن مۆھلەتتە) ھاراق ئىچمەيتتى، چاچلىرىنى ھېچ چۈشۈرمەيتتى. «چۆل.» 1:6-22نى كۆرۈڭ.

**11:1** ھاك. 5:13.

قاچانغىچە مەست يۈرىسەن؟ شارابىڭنى ئۆزۈڭدىن نېرى قىل، دېدى.
15 لېكىن ھانناھ جاۋابەن: ــ ئۇنداق ئەمەس، ئى غوجام! كۆڭلى سۇنۇق
بىر مەزلۇمەن. مەن شارابمۇ، ھاراقمۇ ئىچمىدىم، بەلكى جېنىم
دەردىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۆكتۈم؛ 16 دېدەكلىرىنى يامان خوتۇن
دەپ بىلمىگەيلا. چۈنكى مېنىڭ زور دەردىم ۋە ئازابلىرىمدىن بۇ
كۈنگىچە شۇنداق نىدا قىلىۋاتىمەن، دېدى.
17 ئەلى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ تىنچ-ئامان قايتقىن؛ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى ئۆزىدىن تىلىگەن ئىلتىجايىڭنى ئىجابەت قىلغاي، دېدى.
18 ھاننا: ــ دېدەكلىرى كۆز ئالدىلىرىدا ئىلتىپات تاپقاي، دېدى.
ئۇ شۇلارنى دەپ چىقىپ، غىزا يېدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن چىرايىدا
ئىلگىرىكىدەك غەمكىنلىك كۆرۈنمىدى.
19 ئۇلار ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ پەرۋەردىگارنىڭ
ھۇزۇرىدا سەجدە قىلىپ بولۇپ، راماھدىكى ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.
ئەلكاناھ ئايالى ھانناھغا يېقىنچىلىق قىلدى؛ پەرۋەردىگار ئۇنى
ئەسلىگەندى. 20 ھانناھ ھامىلىدار بولۇپ، ۋاقتى-سائىتى توشۇپ،
بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇ: «مەن ئۇنى پەرۋەردىگاردىن تىلەپ ئالدىم» دەپ،
ئىسمىنى ساموئىل قويدى.

## ھانناھ ساموئىلنى پەرۋەردىگارغا ئاتايدۇ

21 ئۇنىڭ ئېرى ئەلكاناھ ئۆيىدىكى ھەممىسى بىلەن پەرۋەردىگارغا
ئاتىدىغان ھەر يىللىق قۇربانلىقنى قىلغىلى ۋە قىلغان قەسىمىنى
ئادا قىلىش ئۈچۈن شىلوھغا چىقتى. 22 لېكىن ھانناھ بىللە

15:1 زەب. 62:8؛ 142:2

16:1 **«دېدەكلىرىنى يامان خوتۇن دەپ بىلمىگەيلا...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «دېدەكلىرىنى «بېلىئالنىڭ قىزى» دەپ بىلمىگەيلا» دېيىلىدۇ. «بېلىئال»نىڭ مەنىسى «ئەرزىمەس» دېگەنلىك بولۇپ، بەلكىم ئىبلىسنى كۆرسىتىدۇ.

20:1 **««مەن ئۇنى پەرۋەردىگاردىن تىلەپ ئالدىم» دەپ، ئىسمىنى ساموئىل قويدى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ساموئىل» دېگەننىڭ مەنىسى «خۇدا ئاڭلىدى» ياكى «خۇدادىن تىلىگەن» دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ.

بارماي ئېرىگە: ــ بالا ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىلا ئاندىن مەن ئۇنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ بارىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، دېدى. [23] ئېرى ئەلكاناھ
ئۇنىڭغا: ــ ئۆزۈڭگە نېمە ياخشى كۆرۈنسە، شۇنى قىلغىن. ئۇنى
ئەمچەكتىن ئايرىغۇچە تۇرۇپ تۇرغىن. پەرۋەردىگار ئۆز سۆز-كالامىغا
ئەمەل قىلغاي، دېدى. ئايالى ئۆيدە قېلىپ بالىسى ئەمچەكتىن
ئايرىلغۇچە ئېمىتتى. [24] بالىسى ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇ
ئۇنى ئېلىپ، شۇنداقلا ئۈچ بۇقا، بىر ئەفاھ ئۇن ۋە بىر تۇلۇم شارابنى
ئېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ شىلوھدىكى ئۆيىگە ئاپاردى. بالا بولسا
تېخى كىچىك ئىدى. [25] ئۇلار بىر بۇقىنى سويۇپ بالىنى ئەلىنىڭ
قېشىغا ئېلىپ كەلدى. [26] شۇنىڭ بىلەن ھانناھ ئۇنىڭغا: ــ ئى غوجام،
ئۆزلىرىدە ھايات راست بولغىنىدەك، بۇ يەردە سىلىنىڭ قاشلىرىدا
تۇرۇپ پەرۋەردىگارغا نىدا قىلغان مەزلۇم مەن بولىمەن، دېدى. [27] مەن
مۇشۇ ئوغۇل بالا ئۈچۈن دۇئا قىلدىم ۋە مانا، پەرۋەردىگار مېنىڭ
تىلىگەن ئىلتىجايىمنى ئىجابەت قىلدى. [28] ئەمدى ھازىر مەن ئۇنى
پەرۋەردىگارغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ئۆمرىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە ئۇ
پەرۋەردىگارغا بېغىشلانغان بولىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ يەردە
پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى.

---

24:1 **«بىر ئەفاھ ئۇن»** ــ «ئەفاھ» ئاشلىق-دانلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى ئىدى، تەخمىنەن 27 لىتر. بۇقا قۇربانلىق قىلىنغاندا، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۇندىن «قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى» قىلىنىشىمۇ كېرەك ئىدى.

**24:1** لۇقا 2:41.

25:1 **«ئۇلار بىر بۇقىنى سويۇپ بالىنى ئەلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى»** ــ قالغان ئىككى بۇقا بەلكىم ئېلىغا ساموئىلنى بېقىش ئۈچۈن بەرگەن «بېقىش ھەققى» بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىر ئېھتىماللىق باركى، 24-ئايەتنىڭ مەنىسى: «...ئۈچ بۇقا» ئەمەس، بەلكى «...ئۈچ ياشلىق بىر بۇقا» بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ ئايەتنى شۇنداق چۈشەنگەن ئالىملار ئاز.

28:1 **«...ئۇلار ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى»** ــ **«ئۇلار»** بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئۇ ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى» دېيىلىدۇ (دېمەك، ساموئىلنى كۆرسىتىدۇ).

## هاننناھ تەنتەنە بىلەن پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەيدۇ

2 [1] هاننناھ دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
«مېنىڭ قەلبىم پەرۋەردىگار بىلەن ياپرايدۇ،
مېنىڭ مۈڭگۈزۈم پەرۋەردىگار بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈلدى؛
ئاغزىم دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىدا تەنتەنىلىكتە ئېچىلدى؛
چۈنكى سېنىڭ نىجاتىڭدىن شادلىنىمەن.
[2] پەرۋەردىگاردەك مۇقەددەس بولغۇچى يوقتۇر؛
چۈنكى سەندىن باشقا ھېچ كىم يوق،
خۇدايىمىزدەك ھېچ ئۇيۇلتاش يوقتۇر.
[3] ئى ئىنسانلار، كىبىرلىك سۆزلىرىڭلارنى كۆپەيتىۋەرمەڭلار،
يوغان گەپلەرنى ئاغزىڭلاردىن چىقارماڭلار؛
چۈنكى پەرۋەردىگار بىلىم-ھىدايەتكە ئىگە خۇدادۇر،
ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى ئۇنىڭ تەرىپىدىن تارازىدا تارتىلىدۇ.
[4] پالۋانلارنىڭ ئوق-يالىرى سۇندۇرۇلىدى؛
لېكىن پۇتلىشىپ يىقىلغانلارنىڭ بېلى بولسا قۇدرەت بىلەن باغلاندى.
[5] قورسىقى توق بولغانلار نان تېپىش ئۈچۈن ئۆزىنى ياللانمىلىققا بەردى؛
لېكىن ئاچ قالغانلار ھازىر ئاچ قالمىدى؛
ھەتتا تۇغماس ئايال يەتتىنى تۇغىدۇ؛
لېكىن كۆپ باللىق بولغان سولىشىپ كېتىدۇ.
[6] پەرۋەردىگار ھەم ئۆلتۈرىدۇ، ھەم ھايات بېرىدۇ؛

---

1:2 **«مېنىڭ مۈڭگۈزۈم پەرۋەردىگار بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈلدى»** ــ تەۋراتتا، «مۈڭگۈز»لەر كۆپ ھاللاردا ئادەملەرنىڭ ئابرۇي-شۆھرىتىنى ياكى كۈچىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ يەردە قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. «زەب.»، 17:132نى كۆرۈڭ. بۇ مۈڭگۈزلەر ئادەمنىڭ بېشىدا ئۆسكەن ئەمەس، ئەلۋەتتە!

**1:2** لۇقا 46:1.

**2:2** قان. 24:3؛ زەب. 8:86.

**5:2** زەب. 9:34-10؛ يەش. 6:5؛ لۇقا 53:1.

**ئۇ ئادەمنى تەھتىساراغا چۈشۈرىدۇ، ئۇ يەردىن يەنە تۇرغۇزىدۇ؛**
**7 پەرۋەردىگار ئادەمنى ھەم نامرات قىلىۋېتىدۇ، ھەم باي قىلىدۇ؛**
**ئۇ كىشىنى ھەم پەس قىلىدۇ، ھەم ئېگىز كۆتۈرىدۇ.**
**8 ئۇ ئۆزى مىسكىنىنى توپىدىن قوپۇرىدۇ، قىغلىقتىن يوقسۇلنى كۆتۈرىدۇ؛**
**ئۇلارنى ئېسىلزادىلەر ئارىسىدا تەڭ ئولتۇرغۇزىدۇ؛**
**ئۇلارنى شان-شەرەپلىك تەختكە مىراس قىلدۇرىدۇ؛**
**چۈنكى يەرنىڭ تۈۋرۈكلىرى پەرۋەردىگارنىڭكىدۇر؛**
**ئۇ ئۆزى دۇنيانى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سالغانىدى.**
**9 ئۆز مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ پۇتلىرىنى ئۇ مەزمۇت قىلىدۇ؛**
**ئەمما رەزىللەر بولسا، قاراڭغۇدا شۈك قىلىنىدۇ؛**
**چۈنكى ھېچكىم ئۆز قۇدرىتى بىلەن نۇسرەت تاپمايدۇ.**
**10 پەرۋەردىگار بىلەن قارشىلاشقانلار پارە-پارە قىلىۋېتىلىدۇ؛**
**ئۇ ئۆزى ئاسمانلاردىن ئۇلارغا قارشى گۈلدۈرلەيدۇ.**
**پەرۋەردىگار يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛**
**ئۇ ئۆزى تىكلىگەن پادىشاھقا قۇدرەت بېرىدۇ،**
**ئۇ ئۆزى مەسىھلىگىنىنىڭ مۈڭگۈزىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ!».**

**11 ئەلكاناھ بولسا راماھدىكى ئۆز ئۆيىگە يېنىپ باردى. بالا بولسا ئەلىنىڭ قېشىدا پەرۋەردىگارغا خىزمەت قىلىپ قالدى.**

---

**6:2 «تەھتىسارا»** ــ ئۆلگەنلەرنىڭ روھى بارىدىغان جاي.

**6:2** قان. 39:32؛ ئەز. 37:11-14

**8:2** ئايۇپ 36:15؛ زەب. 113:7، 8؛ لۇقا 52:1؛ زەب. 24:1-2؛ 102:25؛ 104:5

**10:2 «ئۇ ئۆزى مەسىھلىگىنىنىڭ مۈڭگۈزىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ!»** ــ «مەسىھلىمەك» ياكى «مەسىھ قىلىش»: خۇدانىڭ يولىيورۇقى بىلەن ئىسرائىلغا يېڭى بىر پادىشاھ بېكىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ مۇراسىم «مەسىھ قىلىنىش» ياكى «مەسىھلىنىش» دەپ ئاتىلاتتى ۋە شۇنداقلا شۇ چاغدىن باشلاپ شۇ پادىشاھ «خۇدانىڭ مەسىھلىگىنى» دەپ ئاتىلاتتى. كاھىنلار ۋە بەزى ۋاقىتدا پەيغەمبەرلەرمۇ «مەسىھ قىلىناتتى». ئىسرائىلدا شۇ چاغدا پادىشاھ بولمىغاچقا، ھاننانىڭ بۇ سۆزى دەرۋەقە كەلگۈسى ئىشلارنى ئالدىنئالا كۆرسەتكەن بېشارەت ئىدى.

**10:2** 1سام. 10:7؛ زەب. 2:6؛ 8:21؛ 89:24

## ئەلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاھىنلىق مەنسىپىدىن رەزىللىك بىلەن پايدىلىنىشلىرى

12 ئەمما ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى ئىنتايىن يامان كىشىلەردىن بولۇپ،
پەرۋەردىگارنى تونۇمايتتى. 13 كاھىنلارنىڭ خەلقلەرگە مۇنداق ئادىتى
بولغان: ـ بىرسى قۇربانلىق قىلىپ، گۆش قايناپ پىشىۋاتقاندا
كاھىنىنىڭ خىزمەتكارى كېلىپ ئۈچ تىللىق چاڭگاكنى قولىدا تۇتۇپ
14 داش، قازان، داڭقان ياكى كورىنىڭ ئىچىگە سانجىپ، چاڭگاكقا نېمە
ئېلىنغان بولسا كاھىن شۇنى ئۆزىگە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ شىلوھغا
قۇربانلىق قىلغىلى كەلگەن ھەممە ئىسرائىللارغا شۇنداق ئادىتى بو
لغان. 15 شۇنداقلا ھەتتا ياغنى كۆيدۈرمەستە كاھىنىنىڭ خىزمەتكارى
كېلىپ قۇربانلىق قىلىۋاتقان ئادەمگە: ـ كاھىنغا كاۋاپ ئۈچۈن گۆش
بەرگىن، چۈنكى ئۇ سەندىن قايناپ پىشقان گۆش قوبۇل قىلمايدۇ،
بەلكى خام گۆش لازىم، دەيتتى. 16 ئەگەر قۇربانلىق قىلغۇچى ئۇنىڭغا:
ـ ئاۋۋال يېغى كۆيدۈرۈلۈپ بولسۇن، ئاندىن نېمىنى خالىساڭ
شۇنى ئالغىن، دېسە، ئۇ: ـ بولمايدۇ، ماڭا دەرھال بەر! بولمىسا
مەجبۇري ئالىمەن، دەيتتى؛ 17 شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ياشنىڭ
گۇناھى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئېغىر بولغانىدى؛ چۈنكى
ئۇنىڭ سەۋەبىدىن خەق پەرۋەردىگارغا ئاتىغان قۇربانلىقلار كۆزگە

---

12:2 **«...ئىنتايىن يامان كىشىلەردىن بولۇپ»** ـ ئىبرانىي تىلدا: «بېلىئالنىڭ (ئىبلىسنىڭ) ئوغۇللىرىدىن بولۇپ» دېيىلىدۇ. «بېلىئال»نىڭ مەنىسى «ئەرزىمەس»، بەلكىم شەيتاننى كۆرسىتىدۇ.

14:2 **«ئۇلارنىڭ شىلوھغا قۇربانلىق قىلغىلى كەلگەن ھەممە ئىسرائىللارغا شۇنداق ئادىتى بولغان»** ـ مۇشۇ خىل قۇربانلىقلار، شۈبھىسىزكى، «تەشەككۈر قۇربانلىقلىرى» ياكى «ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى» ئىدى. كاھىنلارنىڭ مۇشۇ ئادىتى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغان ئەمەس. كاھىنلارنىڭ «ھوقۇق ئۈلۈشى» بولسا «لاۋ.» 7:11-18، 28-34-ئايەتلەردە كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى ئاچكۆزلۈكىدىن بۇ ئادەتنى تولىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. كېيىنكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

16:2 **«ئاۋۋال يېغى كۆيدۈرۈلۈپ بولسۇن، ئاندىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى ئالغىن»** ـ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە قۇربانلىقلاردىكى بارلىق ياغلار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلەتتى. ئادەمنىڭ ئۇنى يېيىشى مەنئى قىلىناتتى.

ئىلىنمايۋاتاتتى.
18 ئەمما سامۇئىل نارەسىدە بالا بولۇپ كاناپتىن توقۇلغان بىر ئەفودنى
كىيىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلاتتى. 19 بۇنىڭدىن باشقا
ئۇنىڭ ئانىسى ھەر يىلدا ئۇنىڭغا بىر كىچىك تون تىكىپ، ھەر
يىللىق قۇربانلىقنى قىلغىلى ئېرى بىلەن بارغاندا ئالغاچ كېلەتتى.
20 ئەلى ئەلكاناھ ۋە ئايالىغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلىپ: ــ «ئايالىڭنىڭ
پەرۋەردىگارغا بېغىشلىغىنىنىڭ ئورنىغا ساڭا ئۇنىڭدىن باشقا
نەسىل بەرگەي، دېدى. ئاندىن بۇ ئىككىسى ئۆز ئۆيىگە ياندى.
21 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ھانناھنى يوقلاپ بەرىكەتلەپ، ئۇ
ھامىلدار بولۇپ جەمئىي ئۈچ ئوغۇل ۋە ئىككى قىز تۇغدى. كىچىك
سامۇئىل بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆسۈۋاتاتتى.
22 ئەلى بەك قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ پۈتكۈل ئىسرائىلغا
ھەممە قىلغانلىرىنى ئاڭلىدى ھەم جامائەت چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە
خىزمەت قىلىدىغان ئاياللار بىلەن ياتقىنىنىمۇ ئاڭلىدى. 23 ئۇ
ئۇلارغا: ــ سىلەر نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئىشلارنى قىلىسىلەر؟ چۈنكى
بۇ خەلقنىڭ ھەممىسىدىن سىلەرنىڭ يامانلىقىڭلارنى ئاڭلاۋاتىمەن،
دېدى. 24 بولمايدۇ، ئى ئوغۇللىرىم! مەن ئاڭلىغان بۇ خەۋەر ياخشى
ئەمەس، پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىنى ئازدۇرۇۋېسىلەر. 25 ئەگەر بىر ئادەم يەنە
بىر ئادەمگە گۇناھ قىلسا، باشقا بىرسى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇدادىن رەھىم

18:2 **«سامۇئىل نارەسىدە بالا بولۇپ كاناپتىن توقۇلغان بىر ئەفودنى كىيىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلاتتى»** ــ «ئەفود» دېگەن نېمە؟ خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قانۇن بويىچە، باش كاھىن كىيىدىغان بىر ئالاھىدە كالتە چاپان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى خىل تاش ئارقىلىق خۇدادىن يول سورىغىلى بولاتتى. سامۇئىل لاۋىي قەبىلىسىدىن بولمىسىمۇ، بۇ ئايەتكە قارىغاندا «كاھىنلىق كىيىم» كىيىپ، كاھىنلىق خىزمىتىنى قىلىۋاتاتتى.

21:2 **«...يوقلاپ بەرىكەتلەپ»** ــ ئىبرانىي تىلدا پەقەت «يوقلاپ» دېيىلىدۇ. خۇدانىڭ «يوقلىشى» توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

22:2 **«جامائەت چېدىرى»** ــ يەنى «ئىبادەت چېدىرى» ياكى «مۇقەددەس چېدىر».

24:2 **«پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىنى ئازدۇرۇۋېسىلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى ئارىسىدا تارقالغان خەۋەر ياخشى ئەمەس».

سورىسا بولىدۇ؛ لېكىن ئەگەر بىرسى پەرۋەردىگارغا گۇناھ قىلسا،
كىم ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىيەلەيدۇ؟ ــ دېدى. لېكىن ئۇلار ئاتىسىنىڭ
سۆزىگە قۇلاق سالمىدى؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى
نىيەت قىلغانىدى. [26] ئەمما ساموئىل دېگەن بالا ئۆسۈۋاتاتتى،
پەرۋەردىگار ھەم ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپقانىدى.
[27] خۇدانىڭ بىر ئادىمى ئەلىنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ــ
پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: «مىسىردا، پىرەۋننىڭكىدە تۇرغاندا
ئۆزۈمنى ئاتاڭنىڭ جەمەتىگە ئوچۇق ئايان قىلمىدىممۇ؟ [28] مەن ئۇنى
كاھىنىم بولۇش، ئۆز قۇربانگاھىمدا قۇربانلىق قىلىش، خۇشبۇي
يېقىش ۋە مېنىڭ ئالدىمدا ئەفود تونىنى كېيىپ خىزمەت قىلىشقا
ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىدىن تاللىمىغانىدىممۇ؟ شۇنىڭدەك
مەن ئىسرائىلنىڭ ئوتتا كۆيدۈرىدىغان ھەممە قۇربانلىقلىرىنى
ئاتاڭغا تاپشۇرۇپ تەقدىم قىلغان ئەمەسمۇ؟ [29] نېمىشقا مەن بۇيرۇغان،
تۇرالغۇ جايىمدىكى قۇربانلىقىم بىلەن ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى
دەپسەندە قىلىسىلەر؟ نېمىشقا خەلقىم ئىسرائىللار كەلتۈرگەن
ھەممە ھەدىيەلەرنىڭ ئېسىلىدىن ئۆزلىرىڭلارنى سەمرىتىپ، ئۆز
ئوغۇللىرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى مېنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلىسەن؟»
[30] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن دەرھەقىقەت سېنىڭ ۋە ئاتاڭنىڭ جەمەتىدىكىلەر مېنىڭ
ئالدىمدا خىزمىتىمدە مەڭگۈ ماڭىدۇ، دەپ ئېيتقانىدىم؛ لېكىن
ئەمدى مەن پەرۋەردىگار شۇنى دەيمەنكى، بۇ ئىش ھازىر مەندىن
نېرى بولسۇن! مېنى ھۆرمەت قىلغانلارنى مەن ھۆرمەت قىلىمەن،

**26:2** لۇقا 2:52.

**27:2** روس. 7:25.

**28:2 «... مەن ئىسرائىلنىڭ ئوتتا كۆيدۈرىدىغان ھەممە قۇربانلىقلىرىنى ئاتاڭغا تاپشۇرۇپ تەقدىم قىلغان ئەمەسمۇ؟»** ــ تەۋراتقا ئاساسەن، كاھىنلارنىڭ ھەرقانداق قۇربانلىقلاردىن ئۆزىگە خاس بىر ئۈلۈشنى ئېلىش ھوقۇقى بار ئىدى.

**28:2** لاۋ. 10:14.

**29:2** قان. 32:15.

لېكىن مېنى كەمسىتكەنلەر پەس قارىلىدۇ. [31] مانا شۇنداق
كۈنلەر كېلىدۇكى، سېنىڭ بىلىكىڭنى ۋە ئاتاڭنىڭ جەمەتىنىڭ
بىلىكىنى تەڭ كېسىۋېتىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن جەمەتىڭدە بىرمۇ
قېرىغان ئادەم تېپىلمايدۇ! [32] سەن تۇرالغۇ جايىمدا دەرد-قايغۇ
كۆرىسەن؛ ئىسرائىللار ھەرقانداق ھۇزۇر-بەختنى كۆرگىنى بىلەن،
سېنىڭ جەمەتىڭدە ئەبەدگىچە بىرمۇ قېرىغان ئادەم تېپىلمايدۇ. [33]
ۋە مەن قۇربانگاھىمنىڭ خىزمىتىدىن ئۈزۈپ تاشلىمىغان ئادىمىڭ
بار بولسا، ئۇ كۆزلىرىڭنىڭ خىرەلىششى بىلەن جېنىڭنىڭ
ئازابلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. جەمەتىڭدە تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى
بالاغەتتىن ئۆتمەي ئۆلىدۇ. [34] ساڭا بۇ ئىشلارنى ئىسپاتلاشقا، ئىككى
ئوغلۇڭ خوفنىي بىلەن فىنىھاسنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان مۇنداق
بىر ئالامەت بېشارەت بولىدۇ: ــ ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى بىر كۈندە
ئۆلىدۇ. [35] ئەمما ئۆزۈمگە روھىم ۋە دىلىمدىكى نىيىتىم بويىچە ئىش
كۆرىدىغان سادىق بىر كاھىننى تىكلەيمەن؛ مەن ئۇنىڭغا مەزمۇت
بىر جەمەت قۇرىمەن؛ ئۇ مېنىڭ مەسىھ قىلغىنىمنىڭ ئالدىدا
مەڭگۈ مېڭىپ خىزمەت قىلىدۇ. [36] شۇنداق بولىدۇكى، سېنىڭ

---

**30:2** مىس. 43:28؛ 9:29.

**31:2 «... سېنىڭ بىلىكىڭنى ۋە ئاتاڭنىڭ جەمەتىنىڭ بىلىكىنى تەڭ كېسىۋېتىمەن»** ــ «ئادەمنىڭ بىلىكى» ئۇنىڭ كۈچى، قابىلىيىتى ۋە ھوقۇقىنى بىلدۈرەتتى.

**32:2 «سەن تۇرالغۇ جايىمدا دەرد-قايغۇ كۆرىسەن»** ــ ياكى «سەن تۇرالغۇ جايىمدا دۈشمەن كۆرىسەن». **«سېنىڭ جەمەتىڭدە ئەبەدگىچە بىرمۇ قېرىغان ئادەم تېپىلمايدۇ»** ــ بۇ بېشارەت تۆۋەندىكى بابلاردا ئېچىلىدۇ. ئەلى ئۆزى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرىدۇ؛ بىراق كېيىنكى كۈنلەردە، يەنى داۋۇت پادىشاھنىڭ كۈنلىرىدىكى بەخت-بەرىكەتنى ئۇ كۆرمەيدۇ (ئەلىنىڭ جەمەتىنىڭ كېيىنكى تارىخى 22-باب، 1-22، «1پاد.» 26:2-27دە كۆرۈلىدۇ).

**33:2 «كۆزلىرىڭنىڭ خىرەلىششى»** ــ بۇ ئىبارە ئادەتتە كۆز ياشلىرىنىڭ كۆپ تۆكۈلگەنلىكىدىن ياكى زور غەمكىنلىكتىن بولغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

**35:2 «...مېنىڭ مەسىھ قىلغىنىمنىڭ ئالدىدا»** ــ مېنىڭ پادىشاھىمنىڭ ئالدىدا، دېمەكچى. بىزنىڭچە بۇ بېشارەت ئاۋۋال سامۇئىلنىڭ ئۆزىدە ئاندىن كاھىن زادوكنىڭ جەمەتىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. **«مەڭگۈ مېڭىپ خىزمەت قىلىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بارلىق كۈنلەردە مېڭىپ خىزمەت قىلىدۇ».

جەمەتىڭدىكىلەردىن ھەربىر تىرىك قالغانلار بىر سەر كۈمۈش ۋە بىر
چىشلەم نان تىلەشكە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ:
«كاھىنلىق خىزمەتلىرىدىن ماڭا بىر ئورۇن بەرسىلە، يېگىلى بىر
چىشلەم نان تاپاي دەپ ئېيتىدىغان بولىدۇ» دەيدۇ.

## پەرۋەردىگار سامۇئىلنى چاقىرىدۇ

3 1 سامۇئىل دىگەن بالا بولسا ئەلىنىڭ ئالدىدا پەرۋەردىگارنىڭ
خىزمىتىدە بولاتتى. ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئۇ كۈنلەردە
كەم ئىدى؛ ۋەھىيلىك كۆرۈنۈشلەرمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. 2 ۋە شۇنداق
بولدىكى، بىر كۈنى ئەلى ئورنىدا ياتقانىدى (ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ
كۆرمەس بولۇپ قالاي دىگەنىدى) 3 خۇدانىڭ چىرىغى تېخى ئۆچمىگەن
بولۇپ، سامۇئىل پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا، خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقىغا يېقىنلا يەردە ياتاتتى. 4 پەرۋەردىگار سامۇئىلنى چاقىردى.
ئۇ: ــ مانا مەن بۇ يەردە، دىدى. 5 ئۇ ئەلىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:
ــ مانا مەن، مېنى چاقىردىڭغۇ، دىدى. لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ مەن
چاقىرمىدىم؛ قايتىپ بېرىپ ياتقىن، دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېرىپ
ياتتى. 6 پەرۋەردىگار يەنە: «سامۇئىل!» دەپ چاقىردى. سامۇئىل قوپۇپ
ئەلىنىڭ قېشىغا بېرىپ: مانا مەن، مېنى چاقىردىڭغۇ، دىدى. لېكىن
ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ مەن چاقىرمىدىم ئى ئوغلۇم، يەنە بېرىپ ياتقىن،
دىدى.
7 سامۇئىل پەرۋەردىگارنى تېخى تونۇمىغانىدى؛ پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى ئۇنىڭغا تېخى ئايان قىلىنمىغانىدى. 8 لېكىن پەرۋەردىگار يەنە
ئۈچىنچى قېتىم: «سامۇئىل!» دەپ چاقىردى؛ ئۇ قوپۇپ ئەلىنىڭ
قېشىغا بېرىپ: ــ مانا مەن؛ سەن مېنى چاقىردىڭ، دىدى. ئۇ ۋاقىتتا
ئەلى پەرۋەردىگار بالىنى چاقىرىپتۇ، دەپ بىلىپ يەتتى. 9 شۇنىڭ
بىلەن ئەلى سامۇئىلغا: ــ بېرىپ ياتقىن. ئۇ ئەگەر سېنى چاقىرسا،

**2:3** 1سام. 15:4.

سەن: ــ ئى پەرۋەردىگار، سۆز قىلغىن، چۈنكى قۇلۇڭ ئاڭلايدۇ، دەپ
ئېيتقىن، دېۋىدى، سامۇئىل بېرىپ ئورنىدا ياتتى. [10] ۋە پەرۋەردىگار
كېلىپ يېقىن تۇرۇپ ئىلگىرىكىدەك: ــ «سامۇئىل، سامۇئىل!» دەپ
چاقىردى. سامۇئىل: ــ سۆز قىلغىن، چۈنكى قۇلۇڭ ئاڭلايدۇ، دەپ
جاۋاب بەردى.
[11] پەرۋەردىگار سامۇئىلغا: ــ مانا مەن ئاڭلىغانلارنىڭ ئىككى
قۇلىقىنى زىڭىلداتقۇدەك بىر ئىشنى ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا
قىلماقچىمەن. [12] شۇ كۈنىدە مەن بۇرۇن ئەلىنىڭ جەمەتىدىكىلەر
توغرىسىدا ئېيتقىنىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرىمەن؛
باشتىن ئاخىرغىچە ئادا قىلىمەن! [13] چۈنكى ئۆزىگە ئايان بولغان
قەبىھلىك تۈپەيلىدىن مەن ئۇنىڭغا، سېنىڭ جەمەتىڭدىن
مەڭگۈلۈك ھۆكۈم چىقارماقچىمەن، دەپ ئېيتقانمەن؛ چۈنكى ئۇ
ئوغۇللىرىنىڭ ئېپلاسلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى توسمىدى. [14]
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە قەسەم قىلغانمەنكى،
ئەلىنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ قەبىھلىكى مەيلى قۇربانلىق بىلەن
بولسۇن، مەيلى ھەدىيە بىلەن بولسۇن كەفارەت قىلىنماي، ئەبەدگىچە
كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، دېدى.
[15] سامۇئىل ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە يېتىپ، ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچتى. ئەمما سامۇئىل ۋەھىيلىك
كۆرۈنۈشنى ئەلىگە ئېيتىشتىن قورقتى. [16] لېكىن ئەلى سامۇئىلنى

---

10:3 **«سامۇئىل، سامۇئىل!»** ــ تەۋرات-ئىنجىلدا خۇدا بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى قايتىلاپ چاقىرغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىنتايىن سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**11:3** 2پاد. 12:21؛ يەر. 3:19.

**12:3** 1سام. 31:2.

13:3 **«مەن ئۇنىڭغا، سېنىڭ جەمەتىڭدىن مەڭگۈلۈك ھۆكۈم چىقارماقچىمەن، دەپ ئېيتقانمەن»** ــ ياكى «مەن ئۇنىڭغا، سېنىڭ جەمەتىڭدىن مەڭگۈلۈك ھۆكۈم چىقارماقچىمەن، دەپ ئېيتقىن». **«چۈنكى ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئېپلاسلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى توسمىدى»** ــ ياكى «چۈنكى ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ خۇدانى قارغىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى توسمىدى».

چاقىرىپ: ــ ئى ساموئېل ئوغلۇم، دېدى. ئۇ: ــ مانا مەن، دەپ جاۋاب
بەردى. [17] ئۇ: ــ ئۇ ساڭا نېمە سۆز قىلدى؟ سەندىن ئۆتۈنەي، ئۇنى
مەندىن يوشۇرمىغىن. ئەگەر ئۇنىڭ ساڭا ئېيتقانلىرىنىڭ بىرىنى
ماڭا ئېيتماي قويساڭ، خۇدا دېگىنىنى سېنىڭ بېشىڭغا چۈشۈرسۇن
ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق چۈشۈرسۇن! ــ دېدى. [18] شۇنىڭ بىلەن ساموئېل
ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى قالدۇرماي ھەممىنى دەپ بەردى. ئەلى: ــ مانا، ئۇ
پەرۋەردىگاردۇر؛ ئۇ نېمىنى لايىق تاپسا، شۇنى قىلسۇن، دېدى.
[19] ساموئېل ئۆسۈپ چوڭ بولۇۋاتاتتى ۋە پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بىلەن بىللە
بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتقان بېشارەتلىك سۆزلىرىدىن ھېچقايسىسىنى
يەردە قالدۇرمايتتى. [20] شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىل داندىن
تارتىپ بەئەر-شېباغىچە ساموئېلنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبىرى
قىلىپ تىكلەنگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. [21] شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار
شىلوھدا ئۆزىنى يەنە ئايان قىلدى. چۈنكى پەرۋەردىگار شىلوھدا ئۆز
سۆز-كالامى ئارقىلىق ساموئېلغا ئۆزىنى ئايان قىلدى؛ ۋە ساموئېل
ئۇنىڭ سۆزىنى پۈتكۈل ئىسرائىلغا يەتكۈزدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى فىلىستىيلەرنىڭ قولىغا چۈشىدۇ

4 [1] ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل فىلىستىيلەر بىلەن جەڭ قىلغىلى
چىقىپ ئەبەن-ئېزەرگە يېقىن جايدا بارگاھ-چېدىرلارنى تىكتى.
فىلىستىيلەر بولسا ئافەك دېگەن جايدا بارگاھ-چېدىرلارنى تىكتى.
[2] فىلىستىيلەر ئىسرائىللار بىلەن سوقۇشقىلى سەپ تىزىپ تۇردى.

20:3 **«داندىن تارتىپ بەئەر-شېباغىچە»** ــ «دان» ئىسرائىلنىڭ شىمالىي چېتىدە، «بەئەر-شېبا» ئۇنىڭ جەنۇبىي چېتىدە ئىدى.

21:3 **«ساموئېل ئۇنىڭ سۆزىنى پۈتكۈل ئىسرائىلغا يەتكۈزدى»** ــ ياكى «ساموئېل ئېيتقان بۇ سۆز پۈتكۈل ئىسرائىلدا يۈز بەردى». **«پەرۋەردىگار شىلوھدا ئۆز سۆز-كالامى ئارقىلىق ساموئېلغا ئۆزىنى ئايان قىلدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «پەرۋەردىگار شىلوھدا پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئارقىلىق ساموئېلغا ئۆزىنى ئايان قىلدى»

**جەڭ كېڭەيگەندە ئىسرائىل فىلىستىيلەر ئالدىدا تارمار بولدى؛
فىلىستىيلەر ئۇلارنىڭ جەڭ سەپلىرىدىن تۆت مىڭچە ئادەمنى
ئۆلتۈردى. 3 خالايىق بارگاھقا يېنىپ كەلگەندە، ئىسرائىلنىڭ
ئاقساقاللىرى: — نېمىشقا پەرۋەردىگار بۈگۈن بىزنى فىلىستىيلەر
تەرىپىدىن تارمار قىلدۇردى؟ بىز شىلوھدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى قېشىمىزغا ئېلىپ كېلەيلى؛ ئۇ ئارىمىزدا بولسا، بىزنى
دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ، دېدى.
4 شۇ گەپتىن كېيىن خالايىق شىلوھقا ئادەم ماڭدۇرۇپ، شۇ يەردىن
كېرۇبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كۆتۈرۈپ كەلدى. شۇنىڭدەك
ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى خوفنىي بىلەن فىنىھاسمۇ خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقى بىلەن بىللە كەلدى. 5 ۋە شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقى لەشكەرگاھقا ئېلىپ كېلىنگەندە پۈتكۈل ئىسرائىل
يەرنى تەۋرەتكۈدەك كۈچلۈك بىر چۇقان كۆتۈرۈشتى.
6 فىلىستىيلەر كۈچلۈك تەنتەنە ئاۋازىنى ئاڭلاپ: — ئىبرانىيلارنىڭ
لەشكەرگاھىدىن ئاڭلانغان بۇ كۈچلۈك چۇقان نېمە ۋەجىدىن چىققاندۇ،
دەپ ئېيتىشتى. ئارقىدىنلا ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئۇلارنىڭ لەشكەرگاھىغا كەلتۈرۈلگىنىنى بىلىپ يەتتى. 7 شۇنىڭ
بىلەن فىلىستىيلەر قورقۇپ: — ئىلاھلار ئۇلارنىڭ لەشكەرگاھىغا
كەپتۇ، ھالىمىزغا ۋاي! مۇنداق ئىش بۇ ۋاقىتقىچە ھېچ بولغان ئەمەس،
دېيىشتى. 8 ھالىمىزغا ۋاي! بىزنى بۇ قۇدرەتلىك ئىلاھلارنىڭ قولىدىن
كىم قۇتقۇزىدۇ؟ مانا باياۋاندا مىسىرلىقلارنى تۈرلۈك بالا-ۋابالار
بىلەن ئۇرغان ئىلاھلار دەل شۇلاردۇر! 9 ئى فىلىستىيلەر، ئۆزلىرىڭلارنى**

---

**4:4 «...كېرۇبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى پەرۋەردىگار»** — «كېرۇبلار» پەرىشتىلەرنىڭ شەكلىدە بولۇپ، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇراتتى. «مىس.» 17:25-22نى كۆرۈڭ. خۇدا «كېرۇبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە ھۇزۇرۇمنى ئولتۇرغۇزىمەن، دەپ ۋەدە قىلغانىدى.

**4:4** 2سام. 2:6؛ زەب. 1:80؛ 1:99

جەسۇر كۆرسىتىپ ئەركەكتەك تۇرۇڭلار. بولمىسا، ئىبرانىيلار بىزگە
قۇل بولغاندەك بىز ئۇلارغا قۇل بولىمىز؛ ئەركەكتەك بولۇپ جەڭ
قىلىڭلار! ــ دېدى.
10 شۇنىڭ بىلەن فىلىستىيلەر ئىسرائىللار بىلەن جەڭ قىلدى.
ئىسرائىل تارمار قىلىنىپ، ھەربىرى تەرەپ-تەرەپكە ئۆز چېدىرىغا
بەدەر قاچتى. جەڭدە قاتتىق قىرغىنچىلىق بولۇپ، ئىسرائىلدىن
ئوتتۇز مىڭ پىيادە ئەسكەر ئۆلتۈرۈلدى. 11 پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقى ئولجا بولۇپ كەتتى ۋە ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى خوفنىي
بىلەن فىنىھاسمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

12 شۇ كۈنى بىر بىنيامىنلىق جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كىيىم-
كېچەكلىرى يىرتىق، ئۇستىبېشى توپا-چاڭ ھالدا شىلوھقا
يۈگۈرۈپ كەلدى. 13 ئۇ يېتىپ كەلگەندە، مانا ئەلى يولنىڭ چېتىدە
ئۆز ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ تاقىتى-تاق بولۇپ كۈتۈۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ
كۆڭلى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ غېمىدە پەرىشان ئىدى.
ئۇ كىشى خەۋەرنى يەتكۈزگىلى شەھەرگە كىرگەندە، پۈتكۈل شەھەر
پەرياد-چۇقان كۆتۈردى. 14 ئەلى پەرياد ساداسىنى ئاڭلاپ: ــ بۇ زادى
نېمە ۋاراڭ-چۇرۇڭ؟ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى ئالدىراپ كېلىپ ئەلىگە
خەۋەر بەردى 15 (ئەلى توقسان سەككىز ياشقا كىرگەن، كۆزلىرى قېتىپ
قالغان بولۇپ، كۆرمەيتتى). 16 ئۇ كىشى ئەلىگە: ــ مەن جەڭدىن
قايتىپ كەلگەن كىشىمەن، بۈگۈن جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كەلدىم،
دېدى. ئەلى: ــ ئى ئوغلۇم، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ ــ دەپ سورىدى. 17
خەۋەرچى جاۋاب بېرىپ: ــ ئىسرائىل فىلىستىيلەرنىڭ ئالدىدىن
بەدەر قاچتى. خەلق ئارىسىدا قاتتىق قىرغىنچىلىق بولدى! سېنىڭ

**9:4** هاك. 1:13.

**11:4** 1سام. 34:2؛ زەب. 61-59:78.

**12:4** يە. 6:7.

**15:4** 1سام. 2:3.

ئىككى ئوغلۇڭ، خوفنىي بىلەن فىنىھاسمۇ ئۆلدى ھەمدە خۇدانىڭ ئەھدەساندۇقىمۇ ئولجا بولۇپ كەتتى، دېدى. [18] ۋە شۇنداق بولدىكى، خەۋەرچى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى تىلغا ئالغاندا، ئەلى دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتىن كەينىگە يىقىلىپ چۈشۈپ، بوينى سۇنۇپ ئۆلدى؛ چۈنكى ئۇ قېرىپ، بەدىنىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قىرىق يىل ئىسرائىلنىڭ ھاكىمى بولغانىدى.

[19] ئۇنىڭ كېلىنى، يەنى فىنىھاسنىڭ ئايالى ھامىلىدار بولۇپ تۇغۇشقا ئاز قالغانىدى. ئۇ خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئولجا بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە قېيىنئاتىسى بىلەن ئېرىنىڭمۇ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، بىردىنلا قاتتىق تولغاق تۇتۇپ، پۈكۈلۈپ بالىنى تۇغدى. [20] ئۇ ئۆلەي دەپ قالغاندا، چۆرىسىدە تۇرغان ئاياللار: ــ قورقمىغىن، سەن ئوغۇل بالا تۇغدۇڭ، دېدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا جاۋابمۇ بەرمىدى ھەم كۆڭۈل بۆلمىدى. [21] ئۇ: «شان-شەرەپ ئىسرائىلدىن كەتتى» دەپ بالىغا «ئىخابود» دەپ ئىسىم قويدى؛ چۈنكى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئولجا بولۇپ كەتكەن ھەم قېيىنئاتىسى بىلەن ئېرىمۇ ئۆلگەنىدى. [22] ئۇ يەنە: ــ شان-شەرەپ ئىسرائىلدىن كەتتى؛ چۈنكى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئولجا بولۇپ كەتتى! ــ دېدى.

## 5

[1] فىلىستىيلەر خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئولجا ئېلىپ، ئۇنى ئەبەن-ئېزەردىن ئېلىپ ئاشدودقا باردى. [2] ئۇ يەردە فىلىستىيلەر خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ داگون بۇتخانىسىغا ئەكىرىپ، داگون دېگەن بۇتنىڭ يېنىغا قويدى. [3] ئاشدودتىكىلەر ئەتىسى سەھەر

---

18:4 **«ئۇ قىرىق يىل ئىسرائىلنىڭ ھاكىمى بولغانىدى»** ــ «ھاكىم»لارنىڭ يېتەكچى ھەم سوراقچى رولىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەۋراتتىكى «باتۇر ھاكىملار»نى كۆرۈڭ.

21:4 **«ئۇ: «شان-شەرەپ ئىسرائىلدىن كەتتى» دەپ بالىغا «ئىخابود» دەپ ئىسىم قويدى»** ــ «ئىخابود» بەلكىم «شان-شەرەپ قېنى؟» ياكى «شان-شەرەپ كەتتى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

قوپۇپ كەلسە، مانا داگون بۈتى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئالدىدا يىقىلغىنىچە دۈم ياتاتتى. شۇڭا ئۇلار داگون بۈتىنى ئېلىپ يەنە
ئۆز ئورنىدا تۇرغۇزۇپ قويدى. 4 لېكىن ئەتىسى سەھەر قوپۇپ كەلسە،
مانا، داگون پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يىقىلغىنىچە
دۈم ياتاتتى؛ داگوننىڭ بېشى ھەم قوللىرى بوسۇغىدا چېقىلغانىدى؛
داگوننىڭ پەقەت بېلىقسىمان تېنى قالغانىدى. 5 شۇڭا بۈگۈنگە قەدەر
ئاشدودتا يا داگوننىڭ كاھىنلىرى بولسۇن يا داگوننىڭ بۇتخانىسىغا
كىرگۈچىلەر بولسۇن، داگوننىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىمەيدۇ.
6 ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئاشدودتىكىلەرنىڭ ئۈستىگە قاتتىق
چۈشۈپ، ئۇلارنى ۋەيران قىلىپ، ئاشدود بىلەن ئەتراپىدىكىلەرنى
ھۆررەك كېسىلى بىلەن ئۇردى. 7 ئاشدودتىكىلەر بۇلارنى كۆرۈپ: ــ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقى بىزلەردە تۇرمىسۇن!
چۈنكى ئۇنىڭ قولى بىزنى ۋە ئىلاھىمىز داگوننى قاتتىق بېسىۋالدى،
دېيىشتى. 8 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئادەم ماڭدۇرۇپ فىلىستىيلەرنىڭ
ھەممە غوجىلىرىنى چاقىرتىپ جەم قىلىپ ئۇلاردىن: ــ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟ دەپ
سورىدى. ئۇلار: ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقى گاتقا
چەت يول بىلەن يۆتكەلسۇن، دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئۇ يەرگە چەت يول
بىلەن يۆتكىدى. 9 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلار ئۇنى چەت يول بىلەن
يۆتكىگەندىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇ شەھەرگە چۈشۈپ
كىشىلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈردى. ئۇ كىچىكلەردىن تارتىپ
چوڭلارغىچە شەھەردىكىلەرنى ئۇردى، ئۇلار ھۆررەك كېسىلىگە

4:5 **«داگون پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يىقىلغىنىچە دۈم ياتاتتى»** ــ «داگون» دېگەن بۇتتا ئادەمنىڭ بېشى ۋە بېلىقنىڭ تېنى بار ئىدى.

6:5 **«ھۆررەك كېسىلى»** ــ ياكى «ئۆسمىلەر» ياكى «بوۋاسىر كېسىلى».

6:5 زەب. 78:60-66.

8:5 **«گاتقا چەت يول بىلەن يۆتكەلسۇن»** ــ بەلكىم باشقا شەھەر-كەنتلەردىن ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن.

گىرىپتار بولدى. [10] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئەكرونغا ئەۋەتتى. لېكىن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئەكرونغا يېتىپ كەلگەندە، ئەكرونلۇقلار پەرياد قىلىپ: ــ بىز بىلەن خەلقىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بىزگە يۆتكىدى! ــ دېدى. [11] ئۇلار ئادەم ماڭدۇرۇپ فىلىستىيلەرنىڭ غوجىلىرىنى قىچقارتىپ جەم قىلىپ ئۇلارغا: ــ بىز بىلەن خەلقىمىزنى ئۆلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بۇ يەردىن ئۆز جايىغا كەتكۈزۈڭلار، دېدى؛ چۈنكى قاتتىق ۋەھىمە شەھەرنى باسقانىدى؛ خۇدانىڭ قولى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ ئېغىر چۈشكەنىدى. [12] ئۆلمىگەن ئادەملەر بولسا ھۈررەك كېسىلى بىلەن ئۇرۇلۇپ، شەھەرنىڭ پەريادى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

## فىلىستىيلەر ئەھدە ساندۇقىنى قايتۇرۇپ ئەۋەتىدۇ

6 [1] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى فىلىستىيلەرنىڭ يۇرتىدا يەتتە ئاي تۇردى. [2] فىلىستىيلەر كاھىنلار بىلەن پالچىلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا: ــ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنى قانداق قىلىپ ئۆز جايىغا ئەۋەتەلەيمىز؟ يول كۆرسىتىڭلار، دېدى. [3] ئۇلار: ــ ئەگەر ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قايتۇرۇپ ئەۋەتسەڭلار، قۇرۇق ئەۋەتمەڭلار، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىر «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى»نى بىرگە ئەۋەتىشىڭلار زۆرۈردۇر، دېدى. شۇنداق قىلغاندا شىپا تاپىسىلەر، شۇنداقلا ئۇنىڭ قولىنىڭ نېمە ئۈچۈن سىلەردىن ئايرىلمىغانلىقىنى بىلىسىلەر، دېدى. [4] ئۇلار: ــ بىز نېمىنى ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىپ ئەۋەتىمىز؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇلار: ــ فىلىستىيلەرنىڭ غوجىلىرىنىڭ سانى بەش؛ شۇڭا بەش ئالتۇن ھۈررەك ۋە بەش ئالتۇن چاشقان ياساپ ئەۋەتىڭلار؛ چۈنكى سىلەرگە ۋە غوجاڭلارغا ئوخشاشلا بالا-قازا چۈشتى. [5] ھۈررەكلىرىڭلارنىڭ شەكلىنى ۋە زېمىنىڭلارنى

ۋەيران قىلىدىغان چاشقانلارنىڭ شەكلىنى نەقىش قىلىپ ياساپ،
ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈڭلار. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ بەلكىم سىلەرنىڭ، ئىلاھلىرىڭىزنىڭ ۋە زېمىنىڭلارنىڭ
ئۈستىنى باسقان قولىنى يېنىكلىتەرمىكىن: — 6 مىسىرلىقلار
بىلەن پىرەۋن ئۆز كۆڭۈللىرىنى قاتتىق قىلغاندەك سىلەرمۇ
نېمىشقا ئۆز كۆڭلۈڭلارنى قاتتىق قىلىسىلەر؟ ئۇ مىسىرلىقلارغا زور
قاتتىق قوللۇق كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئىسرائىللارنى قويۇپ
بەرمىدىمۇ، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەلمىدىمۇ؟ 7 ئەمدى يېڭى
بىر هارۋا ياساپ، تېخى بويۇنتۇرۇققا كۆندۈرۈلمىگەن موزايلىق
ئىككى ئىنەكنى هارۋىغا قوشۇڭلار؛ ئۇلاردىن موزايلىرىنى ئايرىپ،
ئۆيدە ئېلىپ قېلىڭلار؛ 8 ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ ئەهدە ساندۇقىنى
كۆتۈرۈپ هارۋىغا سېلىڭلار؛ ۋە ئۇنىڭغا ئەۋەتىدىغان ئىتائەتسىزلىك
قۇربانلىقى قىلىدىغان ئالتۇن بۇيۇملارنى بىر قاپقا سېلىپ ساندۇققا
يانداپ قويۇڭلار ۋە ساندۇقنى شۇ پېتى ماڭدۇرۇڭلار؛ 9 ئاندىن قاراپ
تۇرۇڭلار. ئەگەر هارۋا ئىسرائىل چېگرىسىدىكى يول بىلەن بەيت-
شەمەشكە ماڭسا، بىزگە كەلگەن شۇ چوڭ بالا-قازانى چۈشۈرگۈچىنىڭ
ئۆزى پەرۋەردىگار بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، بىزنى ئۇرغان ئۇنىڭ
قولى ئەمەس، بەلكى بىزگە چۈشكەن تاسادىپىيلىق بولىدۇ، خالاس،
دېيىشتى.
10 شۇنىڭ بىلەن فىلىستىيلەر شۇنداق قىلدى. ئۇلار موزايلىق
ئىككى ئىنەكنى هارۋىغا قوشۇپ، موزايلىرىنى ئۆيدە سولاپ
قويۇپ، 11 پەرۋەردىگارنىڭ ئەهدە ساندۇقىنى هارۋىغا سېلىپ، ئالتۇن
چاشقان ۋە قۇيما هۈررەكلەر قاچىلانغان قاپنى ئۇنىڭغا يانداپ
قويدى. 12 ئىنەكلەر بەيت-شەمەشكە بارىدىغان يول بىلەن ئۇدۇل
يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كۆتۈرۈلگەن يول بىلەن ماڭغاچ مۆرەيتتى، يا
ئوڭ تەرەپكە يا سول تەرەپكە قېيىپ كەتمىدى. فىلىستىيلەرنىڭ
غوجىلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بەيت-شەمەشنىڭ چېگرىسىغىچە

6:6 مىس. 31:12.

باردى. 13 بەيت-شەمەشتىكىلەر جىلغىدا بۇغداي ئورۇۋاتاتتى، ئۇلار
باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئەھدە ساندۇقىنى كۆرۈپ خۇش بولۇشتى.
14 هارۋا بەيت-شەمەشلىك يەشۇئانىڭ ئېتىزلىقىغا كېلىپ، ئۇ
يەردىكى بىر چوڭ تاشنىڭ يېنىدا توختاپ قالدى. ئۇلار هارۋىنى
چېقىپ، ئىككى ئىنەكنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق
قىلدى. 15 لاۋىيلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى بىلەن ئالتۇن
بۇيۇملار بار قاپنى چۈشۈرۈپ چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە قويدى. شۇ
كۈنى بەيت-شەمەشتىكىلەر پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار
ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى قىلدى. 16 فىلىستىيلەرنىڭ بەش غوجىسى
بۇلارنى كۆرۈپ شۇ كۈنى ئەكرونغا قايتىپ كەتتى. 17 فىلىستىيلەرنىڭ
پەرۋەردىگارغا ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى قىلىپ بەرگەن ئالتۇن
هۆررىكى: — ئاشدود ئۈچۈن بىر، گازا ئۈچۈن بىر، ئاشكېلون ئۈچۈن بىر،
گات ئۈچۈن بىر ۋە ئەكرون ئۈچۈن بىر ئىدى. 18 ئالتۇن چاشقانلارنىڭ
سانى بولسا فىلىستىيلەرنىڭ بەش غوجىسىغا تەۋە بارلىق شەھەرنىڭ
سانى بىلەن باراۋەر ئىدى. بۇ شەھەرلەر سېپىللىق شەھەرلەر ۋە
ئۇلارغا قاراشلىق سەھرا-كەنتلەرنى، شۇنداقلا ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى قويغان چوڭ چىمەنزارغىچە هەممە جاينى ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى. بۇ چىمەنزار هازىرمۇ بەيت-شەمەشلىك يەشۇئانىڭ
ئېتىزلىقىدا بار.

---

14:6 **«هارۋا بەيت-شەمەشلىك يەشۇئانىڭ ئېتىزلىقىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى بىر چوڭ تاشنىڭ يېنىدا توختاپ قالدى»** — دېمىسەكمۇ، بەيت-شەمەشتىكىلەر ئىسرائىللار ئىدى، بەيت-شەمەش ئىسرائىل بىلەن فىلىستىيە ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئىدى.

15:6 **«بەيت-شەمەشتىكىلەر پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى قىلدى»** — «باشقا قۇربانلىقلار» بەلكىم «تەشەككۈر قۇربانلىقلىرى»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق قۇربانلىقلارنى يېيىشكە بولىدۇ.

18:6 **«بۇ شەھەرلەر سېپىللىق شەھەرلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق سەھرا-كەنتلەرنى، شۇنداقلا ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قويغان چوڭ چىمەنزارغىچە هەممە جاينى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ چىمەنزار هازىرمۇ بەيت-شەمەشلىك يەشۇئانىڭ ئېتىزلىقىدا بار»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «(بۇ شەھەرلەر سېپىللىق شەھەرلەرنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق سەھرا-كەنتلەرنى، شۇنداقلا ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قويغان چوڭ تاشقىچە هەممىنى

[19] ئەمما بەيت-شەمەشتىكىلەر ئۆز مەيلىچە ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىچىگە قارىغىنى ئۈچۈن پەرۋەردىگار ئۇلاردىن يەتمىش ئادەمنى، جۇملىدىن چوڭلاردىن ئەللىكنى ئۇردى. پەرۋەردىگار خەلقنى مۇنداق قاتتىق ئۇرغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن خەلق ماتەم تۇتتى.
[20] بەيت-شەمەشتىكىلەر: ــ بۇ مۇقەددەس خۇدا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كىم ئۆرە تۇرالايدۇ؟ ئەھدە ساندۇقى بىزنىڭ بۇ يەردىن كىمنىڭ قېشىغا ئاپىرىلىشى كېرەك؟ ــ دېدى. [21] ئاندىن ئۇلار كىرىئات-يېئارىمدىكىلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ: ــ فىلىستىيلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قايتۇرۇپ بەردى. بۇ يەرگە كېلىپ ئۇنى ئۆزۈڭلارغا ئېلىپ كېتىڭلار، دېدى.

## ئىسرائىللار فىلىستىيلەر بىلەن يەنە سوقۇشىدۇ

7 [1] شۇنىڭ بىلەن كىرىئات-يېئارىمدىكى ئادەملەر كېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ چىقىپ، دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى ئابىنادابنىڭ ئۆيىدە قويدى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەلئازارنى ئەھدە ساندۇقىغا قاراشقا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بېكىتتى. [2] ئەھدە ساندۇقى كىرىئات-يېئارىمدا قويۇلغاندىن تارتىپ ئۇزۇن ۋاقىت، يەنى يىگىرمە يىل ئۆتتى. ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل جەمەتى پەرۋەردىگارنى سېغىندى.
[3] ۋە ساموئىل ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل جەمەتىگە: ــ ئەگەر پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا قايتىپ، ياتلارنىڭ ئىلاھلىرى بىلەن ئاشتاروتلارنى ئۆز ئاراڭلاردىن يوقىتىپ، كۆڭلۈڭلارنى

ئۆز ئىچىگە ئالغاندى) بۇ چوڭ تاش بوگۈنگىچە بەيت-شەمەشلىك يەشۇئانىڭ ئېتىزلىقىدا تۇرماقتا».
يەنە باشقا تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.
19:6 «...يەتمىش ئادەمنى، جۇملىدىن چوڭلاردىن ئەللىكنى ئۇردى» ــ بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...بەش تۈمەن يەتمىش ئادەمنى ئۇردى». ئاز بىر قىسىم كونا كۆچۈرمىلەردىمۇ پەقەت «يەتمىش ئادەم» دەپ خاتىرىلەنگەن.
**1:7** 2سام. 4:6.

پەرۋەردىگارغا باغلاپ، خاس ئۇنىڭ ئىبادىتىدىلا بولساڭلار ئۇ سىلەرنى
فىلىستىيلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ، دېدى. 4 شۇنىڭ بىلەن
ئىسرائىل بائاللار بىلەن ئاشتاروتلارنى تاشلاپ خاس پەرۋەردىگارنىڭ
ئىبادىتىدىلا بولدى.
5 ئاندىن سامۇئىل: ــ پۈتكۈل ئىسرائىلنى مىزپاھ شەھىرىگە جەم
قىلساڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا دۇئا قىلاي،
دېدى. 6 ئەمدى ئۇلار مىزپاھقا جەم بولۇپ، ئۇ يەردە سۇ تارتىپ ئۇنى
پەرۋەردىگار ئالدىغا قۇيدى ۋە ئۇ كۈنى روزا تۇتۇپ: ــ بىز پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلدۇق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سامۇئىل مىزپاھتا
ئىسرائىللارنىڭ ئەرز-دەۋالىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى.
7 فىلىستىيلەر ئىسرائىللارنىڭ مىزپاھدا جەم بولغىنىنى ئاڭلىدى؛
فىلىستىيلەرنىڭ غوجىلىرى ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى
چىقتى. ئىسرائىللار بۇنى ئاڭلاپ فىلىستىيلەردىن قورقتى.
8 ئىسرائىللار سامۇئىلغا: ــ بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزنى
فىلىستىيلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نىدا قىلىشتىن
توختىمىغىن، دېدى. 9 سامۇئىل ئانىسىنى ئېمىۋاتقان بىر قوزىنى
ئېلىپ تولۇق بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ پەرۋەردىگارغا سۇندى؛
سامۇئىل ئىسرائىلنىڭ ھەققىدە پەرۋەردىگارغا پەرياد كۆتۈردى؛
پەرۋەردىگار دۇئاسىنى ئاڭلىدى. 10 سامۇئىل كۆيدۈرمە قۇربانلىق
قىلىۋاتقاندا فىلىستىيلەر ئىسرائىل بىلەن سوقۇشقىلى يېقىنلاپ
كەلدى. لېكىن پەرۋەردىگار شۇ كۈنى فىلىستىيلەرنىڭ ئۈستىگە
قاتتىق گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىتىپ ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى؛ شۇنىڭ

---

3:7 **«ئاشتاروتلار»** ــ ياكى «ئاشەراھلار» ــ ئالاھىدە دەرەخلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايال بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ؛ دەرەخلەر بەلكىم ئايال بۇت شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**3:7** قان. 13:6؛ 20:10؛ مات. 10:4؛ لۇقا 8:4

**6:7 «...سامۇئىل ... ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئەرز-دەۋالىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى»** ــ سامۇئىل پەيغەمبەر ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرگەن «باتۇر ھاكىملار» ياكى «قۇتقۇزغۇچى باتۇرلار»نىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى.

بىلەن ئۇلار ئىسرائىل ئالدىدا تارمار بولدى. [11] ئىسرائىللار مىزپاھتىن
چىقىپ ئۇلارنى بەيت-كارنىڭ تۆۋىگىچە قوغلاپ قىردى.
[12] ئۇ ۋاقىتتا سامۇئىل بىر تاشنى ئېلىپ، ئۇنى مىزپاھ بىلەن شەننىڭ
ئوتتۇرىسىدا تىكلەپ: — «پەرۋەردىگار بىزگە ھازىرغىچە ياردەم
بېرىۋاتىدۇ» — دەپ ئۇنى ئەبەن-ئېزەر دەپ ئاتىدى.
[13] شۇنىڭ بىلەن فىلىستىيلەر بېسىقىپ ئىسرائىلنىڭ زېمىنىغا
يەنە تاجاۋۇز قىلمىدى؛ سامۇئىل ھاكىم بولغان بارلىق كۈنلەردە
پەرۋەردىگارنىڭ قولى فىلىستىيلەرنىڭ ئۈستىگە قارشى بولدى؛ [14]
شۇنداق قىلىپ ئەكروندىن تارتىپ گاتقىچە فىلىستىيلەر ئىسرائىلدىن
ئېلىۋالغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلغا ياندۇرۇلدى؛
شەھەرلەرگە تەۋە زېمىنلارنىمۇ ئىسرائىل فىلىستىيلەرنىڭ قولىدىن
ياندۇرۇپ ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا ئىسرائىل بىلەن ئامورىيلار
ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بولدى.
[15] سامۇئىل بولسا پۈتۈن ئۆمرىدە ئىسرائىلنى سورىدى. [16] ھەر يىلى
ئۇ بەيت-ئەل، گىلگال ۋە مىزپاھلارنى ئايلىنىپ، مۇشۇ يەرلەردە
ئىسرائىل ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى. [17] ئاندىن ئۇ راماھقا يېنىپ
باراتتى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيى شۇ يەردە ئىدى ھەم ئۇ ئۇ يەردىمۇ
ئىسرائىل ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى. ئۇ ئۇ يەردىمۇ پەرۋەردىگارغا
بىر قۇربانگاھ ياسىغانىدى.

## 8

[1] شۇنداق بولدىكى، سامۇئىل قېرىغاندا ئوغۇللىرىنى ئىسرائىلغا
ھاكىم قىلىپ قويدى. [2] ئۇنىڭ تۇنجىسىنىڭ ئىسمى يوئېل

**10:7** يە. 10:10.

**12:7 «سامۇئىل بىر تاشنى ئېلىپ.... پەرۋەردىگار بىزگە ھازىرغىچە ياردەم بېرىۋاتىدۇ» — دەپ ئۇنى ئەبەن-ئېزەر دەپ ئاتىدى»** — «ئەبەن-ئېزەر» دېگەننىڭ مەنىسى: «ياردەم تېشى».

**12:7** 1سام. 1:4.

**17:7** 1سام. 4:8.

بولۇپ، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئابىياھ ئىدى. بۇلار بەئەر-شېبادا
ھاكىملىق قىلدى. 3 لېكىن ئوغۇللىرى ئۇنىڭ يوللىرىدا يۈرمەيتتى،
بەلكى مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئېزىپ، پارىلارنى يەپ، ھەق-ناھەقنى
ئاستىن-ئۈستۈن قىلدى.
4 ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى راماھدا جەم بولۇپ
سامۇئىلنىڭ قېشىغا كېلىپ 5 ئۇنىڭغا: ــ مانا سەن قېرىدىڭ،
ئوغۇللىرىڭ بولسا سېنىڭ يوللىرىڭدا يۈرمەيدۇ. بارلىق ئەللەردە
بولغاندەك ئۈستىمىزگە ھۆكۈم سۈرىدىغان بىر پادىشاھ بېكىتكىن،
دېدى.
6 ئۇلارنىڭ «ئۈستىمىزگە ھۆكۈم سۈرىدىغان بىر پادىشاھ بېكىتكىن»
دېگىنى سامۇئىلنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كەلدى. سامۇئىل پەرۋەردىگارغا
دۇئا قىلىۋىدى، 7 پەرۋەردىگار سامۇئىلغا جاۋابەن: ــ خەلق ساڭا
ھەرنېمە ئېيتسا ئۇلارغا قۇلاق سالغىن؛ چۈنكى ئۇلار سېنى ئەمەس،
بەلكى «ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولمىسۇن» دەپ مېنى تاشلىدى. 8 مەن
ئۇلارنى مىسىردىن چىقارغان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇلار
شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، مېنى تاشلاپ باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت
قىلىپ كەلگەن. ئەمدى ئۇلار ساڭا ھەم شۇنداق قىلىدۇ. 9 شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئۇنىغىن. لېكىن ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ
كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلىدىغان پادىشاھنىڭ
ئۇلارنى قانداق باشقۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگىن، دېدى.
10 سامۇئىل ئۆزىدىن بىر پادىشاھ سورىغان خەلققە، پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقىنىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى.
11 ئۇ: ــ ئۈستۈڭلاردا سەلتەنەت قىلىدىغان پادىشاھنىڭ تۇتىدىغان
يولى مۇنداق بولىدۇ: ــ ئۇ ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆز ئىشىغا قويۇپ، جەڭ
ھارۋىلىرىنى ھەيدەشكە، ئاتلىق ئەسكەرلىرى بولۇشقا سالىدۇ؛ ئۇلار

---

**3:8** مىس. 21:18؛ قان. 19:16.

**5:8** ھوش. 10:13؛ روس. 21:13.

**6:8** 1سام. 17:12.

ئۇنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرىدۇ؛ 12 ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن مىڭ
بېشى ۋە ئەللىك بېشى بولۇشقا، يېرىنى ھەيدەشكە، ھوسۇلىنى
ئورۇشقا، جەڭ قوراللىرى بىلەن ھارۋا ئەسۋابلىرىنى ياساشقا
سالىدۇ. 13 قىزلىرىڭلارنى ئەتىر ياساشقا، تاماق ئېتىشكە ۋە نان
يېقىشقا سالىدۇ. 14 ئەڭ ئېسىل زېمىنلىرىڭلار، ئۈزۈمزارلىرىڭلار
بىلەن زەيتۇنلۇقلىرىڭلارنى تارتىۋېلىپ ئۆز خىزمەتكارلىرىغا
بېرىدۇ. 15 ئۇ ئۇرۇقۇڭلاردىن، ئۈزۈمزارلىرىڭلارنىڭ ھوسۇلىدىن
ئوندىن بىر ئۈلۈشنى ئۆزىنىڭ غوجىدارلىرى ۋە خىزمەتكارلىرىغا
بۆلۈپ بېرىدۇ. 16 ئۇ قۇللىرىڭلار، دېدەكلىرىڭلار، ئەڭ كېلىشكەن
يىگىتلىرىڭلارنى ۋە ئېشەكلىرىڭلارنى ئۆز ئىشىغا سالىدۇ. 17 ئۇ
قويلىرىڭلاردىن ئوندىن بىر ئۈلۈشنى ئالىدۇ؛ سىلەر ئۇنىڭ قۇل-
خىزمەتكارلىرى بولىسىلەر. 18 سىلەر ئۇ كۈندە ئۆزۈڭلارغا تاللىغان
پادىشاھ تۈپەيلىدىن پەرياد كۆتۈرىسىلەر؛ لېكىن پەرۋەردىگار ئۇ
كۈندە سىلەرگە قۇلاق سالمايدۇ، دېدى.
19 خەلق بولسا سامۇئىلنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي: ــ ياق، بەلكى
ئۈستىمىزگە سەلتەنەت قىلىدىغان بىر پادىشاھ بولسۇن، دېدى. 20 ــ
شۇنداق قىلىپ بىز باشقا ھەربىر ئەللەرگە ئوخشاش بولىمىز؛ بىزنىڭ
پادىشاھىمىز ئۈستىمىزدىن ھۆكۈم چىقىرىپ، بىزنى باشلايدۇ ۋە بىز
ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، دېدى.
21 سامۇئىل خەلقنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى پەرۋەردىگارغا
يەتكۈزدى. 22 پەرۋەردىگار ئەمدى سامۇئىلغا: ــ سەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سېلىپ، ئۇلارغا بىر پادىشاھ بېكىتكىن، دېدى. سامۇئىل
ئىسرائىللارغا: ــ ھەربىرىڭلار ئۆز شەھىرىڭلارغا قايتىڭلار، دېدى.

---

15:8 **«ئۇرۇقۇڭلار»** ــ بەلكىم ئاشلىقنىڭ ئۆزىنى كۆرستىشى مۇمكىن. **«ئۆزىنىڭ غوجىدارلىرى ۋە خىزمەتكارلىرىغا ...»** ــ ياكى «ئۆزىنىڭ ئاغۋاتلىرى ۋە خىزمەتكارلىرىغا ...».

21:8 **«سامۇئىل ... سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى پەرۋەردىگارغا يەتكۈزدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «سامۇئىل ... سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىقىغا قايتىلاپ بەردى».

## سائۇل سامۇئىلنىڭ قېشىغا كېلىدۇ

9 [1]بىنيامىن قەبىلىسىدىن كىش ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ
ئابىئەلنىڭ ئوغلى، ئابىئەل زېرورنىڭ ئوغلى، زېرور بىكوراتنىڭ
ئوغلى، بىكورات ئافىيانىڭ ئوغلى ئىدى؛ ئافىيا بولسا بىنيامىنلىق
ئىدى. ئۇ ئۆزى باتۇر ۋە دۆلەتمەن كىشى ئىدى. [2]كىشنىڭ سائۇل
ئىسىملىك، ئېسىل ۋە خۇشخۇي بىر ئوغلى بار ئىدى. ئىسرائىللار
ئارىسىدا ئۇنىڭدىن چىرايلىق ئادەم يوق ئىدى؛ ئۇ شۇنداق ئېگىز
بويلۇق ئەر ئىدىكى، خەلقنىڭ ھەرقاندىقى ئۇنىڭ مۈرىسىگىمۇ
كەلمەيتتى.

[3]سائۇلنىڭ ئاتىسى كىشنىڭ ئېشەكلىرى يىتىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ
بىلەن كىش ئوغلى سائۇلغا: ــ سەن خىزمەتكارلاردىن بىرىنى ئۆزۈڭ
بىلەن بىللە ئېلىپ، ئېشەكلەرنى ئىزدەپ كەلگىن، دېدى. [4]ئۇلار بېرىپ
ئەفرائىم ئېدىرلىقىدىن ئۆتۈپ، شالىشاھ زېمىنىنى كېزىپ، ئۇلارنى
ئىزدەپ تاپالمىدى؛ ئۇلار شائالىم زېمىنىدىنمۇ ئۆتتى، ئېشەكلەر
ئۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. ئاندىن بىنيامىن زېمىنىنى كېزىپ ئۆتتى،
ئۇلارنى يەنە تاپالمىدى. [5]ئۇلار زۇف زېمىنىغا يەتكەندە سائۇل ئۆزى
بىلەن كەلگەن خىزمەتكارىغا: ــ بوله، ئۆيگە يانايلى؛ بولمىسا
ئاتام ئېشەكلەردىن ئەنسىرمەي، ئەكسىچە بىزنىڭ غېمىمىزنى يەپ
كېتەرمىكى، دېدى.

[6]لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا: ــ مانا، بۇ شەھەردە خۇدانىڭ بىر ئادىمى بار.
ئۇ مۆھتەرەم بىر ئادەم، ھەر نېمە دېسە ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ.
ئەمدى ئۇ يەرگە بارايلى؛ ئۇ بىزگە بارىدىغان يولىمىزنى كۆرسىتىپ
قويارمىكىن، دېدى.

[7]شۇڭا سائۇل خىزمەتكارىغا: ــ لېكىن ئۇنىڭ يېنىغا بارساق ئۇ
كىشىگە نېمە بېرىمىز؟ چۈنكى خۇرجۇنلىرىمىزدا نان تۈگەپ قالدى،
قولىمىزدا خۇدانىڭ ئادىمىگە بەرگۈدەك سوۋغىتىمىز يوق. يېنىمىزدا
يەنە نېمە بار؟ ــ دېدى.

---

**1:9** 1سام. 51:14.

8 خىزمەتكار سائۇلغا جاۋاب بېرىپ: ــ مانا قولۇمدا چارەك شەكەل
كۈمۈش بار. ماڭىدىغان يولىمىزنى دەپ بەرسۇن، خۇدانىڭ ئادىمىگە
شۇنى بېرەي، دېدى 9 (بۇرۇن ئىسرائىلدا بىر ئادەم خۇدادىن يول
سورىماقچى بولسا: ــ كېلىڭلار، ئالدىن كۆرگۈچىنىڭ قېشىغا
بارايلى، دەيتتى. ھازىر «پەيغەمبەر» دېگەننى ئۆتكەن زاماندا «ئالدىن
كۆرگۈچى» دەيتتى).
10 سائۇل خىزمەتكارىغا: ــ مەسلىھەتىڭ ياخشى بولدى. بىز
ماڭايلى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇدانىڭ ئادىمى تۇرغان
شەھەرگە باردى. 11 ئۇلار شەھەرگە چىقىدىغان يولدا كېتىۋاتقاندا،
سۇ تارتقىلى چىققان بىرنەچچە قىزغا ئۇچرىدى ۋە ئۇلاردىن: ــ
ئالدىن كۆرگۈچى مۇشۇ يەردىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
12 ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ شۇنداق. مانا ئۇ ئالدىڭلاردا تۇرىدۇ؛ تېز
بېرىڭلار، چۈنكى خالايىق بۈگۈن شەھەرنىڭ يۇقىرى جايىدا قۇربانلىق
قىلماقچى، شۇڭا ئۇ بۈگۈن شەھەرگە كىردى. 13 ئۇ قۇربانلىقتىن
يېيىشكە تېخى يۇقىرى جايغا چىقماي تۇرۇپلا، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن
شەھەردە ئۇچرىشىسىلەر. خەلق ئۇ كەلمىگۈچە تائام يېمەيدۇ، چۈنكى
ئۇ ئاۋۋال قۇربانلىقنى بەرىكەتلەيدۇ؛ ئاندىن چاقىرىلغان مېھمانلار
تائامغا ئېغىز تېگىدۇ. ھازىر چىقىڭلار، چۈنكى بۇ دەل ئۇنى تاپقىلى
بولىدىغان ۋاقىت، دېدى.
14 ئۇلار شەھەرگە چىقىپ شەھەر مەركىزىگە كەلگەندە، مانا ساموئىل
يۇقىرى جايغا چىقىشقا ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.
15 پەرۋەردىگار سائۇل كېلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ساموئىلغا:
16 ــ ئەتە مۇشۇ ۋاقىتلاردا مەن يېنىڭغا بىنيامىن زېمىنىدىن بىر

---

**8:9 «مانا قولۇمدا چارەك شەكەل كۈمۈش بار»** ــ «شەكەل» ئېغىرلىق مىقدارى، كۈمۈش بەلكىم 11.4 گرام ئىدى.

**9:9** يار. 22:25.

**13:9 «...ئۇ ئاۋۋال قۇربانلىقنى بەرىكەتلەيدۇ»** ــ «قۇربانلىقنى بەرىكەتلەش» مۇشۇ يەردە (1) تەشەككۇر ئېيتىش؛ (2) قۇربانلىق قوبۇل قىلىنغاي دەپ تىلەشنى بىلدۈرىدۇ.

**15:9** 1سام. 1:15.

ئادەمنى ئەۋەتىمەن. سەن ئۇنى مېنىڭ خەلقىم ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە
ئەمىر بولۇشقا مەسىھ قىلغىن. ئۇ مېنىڭ خەلقىمنى فىلىستىيلەرنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزىدۇ. چۈنكى مېنىڭ خەلقىمنىڭ پەريادى ماڭا يەتكىنى
ئۈچۈن ئۇلارغا ئىلتىپات بىلەن قارىدىم، ــ دېدى.
17 سامۇئىل سائۇلنى كۆرگەندە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ مانا، مەن ساڭا
سۆز قىلغان ئادەم مۇشۇدۇر. بۇ ئادەم مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئۈستىدە
سەلتەنەت قىلىدۇ، دەپ ئىزھار قىلدى.
18 سائۇل دەرۋازىدا تۇرغان سامۇئىلنىڭ قېشىغا بېرىپ: سىلىدىن
سوراي، ئالدىن كۆرگۈچىنىڭ ئۆيى نەدە، دەپ سورىدى.
19 سامۇئىل سائۇلغا: ــ ئالدىن كۆرگۈچى مەن ئۆزۈم شۇ. مەندىن ئاۋۋال
يۇقىرى جايغا چىققىن. بۈگۈن سىلەر مەن بىلەن تائام يەيسىلەر؛ ئەتە
سېنى ئۇزۇتۇپ چىققاندا، كۆڭلۈڭدىكى ھەربىر ئىشلارنى ساڭا دەپ
بېرەي، ــ دەپ جاۋاب بەردى. 20 ئەمما ئۈچ كۈن بۇرۇن يىتىپ كەتكەن
ئېشەكلەردىن بولسا، ئەندىشە قىلمىغىن؛ ئۇلار تېپىلدى. ئەمدى
ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئارزۇسى كىمگە مايىل؟ ساڭا ۋە ئاتاڭنىڭ
پۈتكۈل جەمەتىگە ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى.
21 سائۇل جاۋاب بېرىپ: ــ مەن ئىسرائىل قەبىلىلىرى ئىچىدىكى
ئەڭ كىچىك قەبىلە بولغان بىنيامىندىن، جەمەتىمۇ بىنيامىن
قەبىلىسى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى تۇرسا؟ نېمە ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى
ماڭا دەيلا؟ ــ دېدى.
22 سامۇئىل بولسا سائۇلنى ۋە خىزمەتكارىنى باشلاپ، مېھمانخانا
ئۆيىگە كىردى ۋە ئۇلارنى چاقىرىلغانلارنىڭ ئارىسىدا تۆردە
ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار ئوتتۇزچە ئادەم ئىدى. 23 سامۇئىل ئاشپەزگە: ــ
مەن ساقلاپ قويغىن دەپ، ساڭا تاپشۇرغان ھېلىقى تائامنى ئېلىپ
كەلگىن، دېدى.
24 شۇنىڭ بىلەن ئاشپەز ساقلاپ قويغان چوڭ ئاجرىتىلغان قولنى
ئېلىپ سائۇلنىڭ ئالدىغا قويدى. سامۇئىل: ــ مانا، ساڭا ساقلاپ
قويۇلغىنى شۇدۇر! ئۇنى ئالدىڭغا ئېلىپ يېگىن؛ چۈنكى ئۇ مەن

خەلقنى چاقىرغان چېغىمدا ئاتايىن ساڭا ئاتاپ ئېلىپ قويغاندىن تارتىپ بۇ بېكىتىلگەن ۋاقىتقىچە ساقلاندى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈنى سائۇل بىلەن سامۇئىل تاماقتا بىللە بولدى.
25 ئۇلار يۇقىرى جايدىن چۈشۈپ شەھەرگە كىردى، سامۇئىل ئۆگزىدە سائۇل بىلەن سۆزلەشتى.
26 ئەتىسى تاڭ شەھەردە ئورۇندىن تۇرغاندا سامۇئىل سائۇلنى ئۆگزىدىن چاقىرىپ: ــ ئورنۇڭدىن تۇر، مەن سېنى ئۇزۇتۇپ قوياي، دېدى. سائۇل ئورۇندىن تۇردى ۋە ئىككىسى بىللە چىقتى،
27 ــ ھەم ئۇ سامۇئىل بىلەن بىللە كوچىغا چىقتى. ئۇلار شەھەرنىڭ ئايىغىغا كېتىۋاتقاندا، سامۇئىل سائۇلغا: خىزمەتكارغا ئالدىمىزدا ماڭغاچ تۇرغىن، دەپ بۇيرۇغىن، دېدى. ئۇ شۇنداق قىلدى. ئاندىن سامۇئىل: ــ سەن تۇرۇپ تۇر، پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامىنى ساڭا يەتكۈزەي، دېدى.

## سامۇئىل سائۇلنى مەسىھ قىلىدۇ

10 1 سامۇئىل بىر ماي كومزىكىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا تۆكۈپ ئۇنى سۆيۈپ مۇنداق دېدى: ــ «مانا بۇ، پەرۋەردىگارنىڭ سېنى ئۆز مىراسىغا ئەمىر بولۇشقا مەسىھ قىلغىنى ئەمەسمۇ؟
2 سەن بۈگۈن مەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىنيامىن زېمىنىنىڭ چېگرىسىدىكى زەلزاھقا يېتىپ بارغىنىڭدا راھىلەنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا ساڭا ئىككى كىشى ئۇچرايدۇ؛ ئۇلار ساڭا: «سەن ئىزدەپ بارغان ئېشەكلەر تېپىلدى، ۋە مانا، ئاتاڭ ئېشەكلەردىن غەم قىلماي، بەلكى سىلەر ئۈچۈن: ئوغلۇمنى قانداق قىلىپ تاپارمەن، دەپ ئەنسىرىمەكتە»

1:10 **«مانا بۇ، پەرۋەردىگارنىڭ سېنى ئۆز مىراسىغا ئەمىر بولۇشقا مەسىھ قىلغىنى ئەمەسمۇ؟»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە سامۇئىلنىڭ سۆزلىرى: «پەرۋەردىگار سېنى ئۆز خەلقى ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈمران قىلدى. سەن پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى ئۈستىگە سەلتەنەت قىلىسەن ۋە ئۇلارنى ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىسەن. مانا، شۇ ئىش پەرۋەردىگار سېنى ئۆز مىراسىغا باش بولغىلى مەسىھ قىلغان ئەمەسمۇ؟» بۇنىڭغا قوشۇپ دېيىلىدۇ.
**1:10** روس. 21:13.

دەپ ئېيتىدۇ. [3]سەن ئۇ يەردىن مېڭىپ، تابوردىكى دۇب دەرىخىگە
يەتكەندە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن بەيت-ئەلگە چىقىپ
كېتىۋاتقان ئۈچ كىشىگە ئۇچرايسەن. ئۇلاردىن بىرى ئۈچ ئوغلاق، بىرى
ئۈچ نان ۋە يەنە بىرى بىر تۇلۇم شارابنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ.
[4]ــ ئۇلار ساڭا سالام قىلىپ ئىككى ناننى سۇنىدۇ؛ سەن بەرگىنىنى
قوللىرىدىن ئالغىن. [5]ئاندىن سەن «خۇداغا ئاتالغان گىبېئاھ
شەھەرىگە بارىسەن (ئۇ يەردە فىلىستىيلەرنىڭ بىر لەشكەرگاھى
بار)؛ سەن شۇ شەھەرگە كەلسەڭ چىلتار، تەمبۇر، نەي ۋە لىرىلارنى
كۆتۈرۈپ يۇقىرى جايىدىن چۈشكەن بىر بۆلەك پەيغەمبەرلەر ساڭا
ئۇچرايدۇ. ئۇلار بېشارەتلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ. [6]شۇنىڭ بىلەن
پەرۋەردىگارنىڭ روھى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا چۈشىدۇ، سەن ئۇلار بىلەن
بىرلىكتە بېشارەتلىك سۆزلەرنى قىلىسەن ۋە يېڭى بىر ئادەم
بولىسەن. [7]مۇشۇ ئالامەتلەر ساڭا كەلگەندە، قولۇڭدىن نېمە كەلسە
شۇنى قىلغىن. چۈنكى خۇدا سەن بىلەن بىللىدۇر. [8]ئاندىن مەندىن
ئىلگىرى گىلگالغا چۈشۈپ بارىسەن. مانا، مەن ھەم يېنىڭغا چۈشۈپ
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار سۇنۇش ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى قىلىش
ئۈچۈن كېلىمەن. مەن يېنىڭغا بېرىپ، نېمە قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى
ئۇقتۇرمىغۇچە، مېنى يەتتە كۈن ساقلاپ تۇرغىن».
[9]ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ بۇرۇلۇپ سامۇئىلدىن ئايرىلغاندا خۇدا
ئۇنىڭغا يېڭى بىر قەلب ئاتا قىلدى؛ ۋە بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى
ئاشۇ كۈنى ئەمەلدە كۆرستىلدى.

---

**4:10** ھاك. 15:18.

5:10 **«خۇداغا ئاتالغان گىبېئاھ شەھەرىگە بارىسەن»** ــ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «خۇدانىڭ دۆڭگە بارىسەن». ئىبرانيي تىلدا: «خۇدانىڭ گىبېئاھى» (گىبېئاھ بىر شەھەر، مەنىسى «دۆڭ»، «ئېدىر»). **«لىرىلارنى كۆتۈرۈپ يۇقىرى جايىدىن چۈشكەن بىر بۆلەك پەيغەمبەرلەر»** ــ ياكى «لىرىلارنى كۆتۈرۈپ يۇقىرى جايىدىن چۈشىدىغان بىر بۆلەك پەيغەمبەرلەر».

**5:10** 1تار. 39:16؛ چۆل. 25:11

**8:10** 1سام. 8:13.

**10 ئۇلار گىبېئاھقا يېتىپ كەلگەندە مانا، بىر بۆلەك پەيغەمبەرلەر**
**ئۇنىڭغا ئۇچرىدى؛ خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشتى، بۇنىڭ**
**بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بېشارەت قىلىشقا باشلىدى. 11 ئۇنى**
**ئىلگىرى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ**
**ئارىسىدا بېشارەت قىلغىنىنى كۆرگەندە ئۇلار بىر-بىرىگە: ــ كىشنىڭ**
**ئوغلىغا نېمە بوپتۇ؟ سائۇلمۇ پەيغەمبەرلەردىن بىرى بولدىمۇ نېمە؟ ــ**
**دېيىشتى. 12 ئەمما يەرلىك بىر ئادەم: ــ بۇلارنىڭ ئاتىلىرى كىملەر؟**
**ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن: «سائۇلمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىمىدۇ؟»**
**دەيدىغان گەپ پەيدا بولدى.**
**13 ئەمدى سائۇل بېشارەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، يۇقىرى**
**جايغا چىقىپ كەتتى. 14 سائۇلنىڭ تاغىسى ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ**
**خىزمەتكارىدىن: ــ نەگە بېرىپ كەلدىڭلار؟ دەپ سورىدى. ئۇ:**
**ــ ئېشەكلەرنى ئىزدىگىلى چىقتۇق؛ لېكىن ئۇلارنى تاپالماي**
**سامۇئىلنىڭ قېشىغا باردۇق، دېدى.**
**15 سائۇلنىڭ تاغىسى: ــ سامۇئىلنىڭ سىلەرگە نېمە دېگىنىنى ماڭا**
**ئېيتىپ بەرگىنە، دېدى.**
**16 سائۇل تاغىسىغا: ــ ئۇ جەزم بىلەن بىزگە ئېشەكلەر تېپىلدى، دەپ**
**خەۋەر بەردى، دېدى. لېكىن سامۇئىلنىڭ پادىشاھلىق ئىشى توغرۇلۇق**
**ئېيتقان سۆزىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرمىدى.**

---

**10:10** 1سام. 19:19.

12:10 **«بۇلارنىڭ ، يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىلىرى كىملەر؟»** ــ مۇشۇ سوئال بەلكىم پەيغەمبەر بولۇش ئۈچۈن ئالىيجاناب ياكى ئېسىلزادە ئائىلىسىدە تۇغۇلۇش شەرت ئەمەس، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. **«سائۇلمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىمىدۇ؟»** ــ مۇشۇ گەپ بەلكىم (1) مەلۇم بىرسىنىڭ ئۇلۇغ بىر ئىش قىلالايدىغانلىقىغا بولغان گۇماننى بىلدۈرىدۇ؛ (2) ئۇنىڭ ئەكسىچە، سائۇل ئەسلى «ئۇلۇغ ئەرباب» بولمىسىمۇ، ئاددىي ئادەم نېمىشقا ئۇلۇغ ئىشنى قىلالمايدىكەن، دېگەن پىكرنى بىلدۈرىدۇ. 12-ئايەتتىكى «يەرلىك ئادەم»نىڭ سوئالىغا قارىغاندا، بىز ئىككىنچى پىكىرگە مايىلمىز.

**12:10** گال. 1:24؛ 1سام. 25:19

## سامۇئىل خەلقنى ئاگاھلاندۇرىدۇ

17 سامۇئىل ئەمدى خەلقنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا جەم بولۇڭلار
دەپ، مىزپاھقا چاقىردى. 18 ئۇ ئىسرائىلغا: ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مەن سىلەر ئىسرائىلنى مىسىردىن
چىقىرىپ مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ، سىلەرگە زۇلۇم قىلغان
ھەممە پادىشاھلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدۇم. 19 لېكىن بۈگۈنكى
كۈندە سىلەرنى بېشىڭلارغا چۈشكەن بارلىق بالايىئاپەتلەردىن ۋە
بارلىق مۇشەققەتلەردىن قۇتقۇزغۇچى خۇدايىڭلاردىن ۋاز كېچىپ
ئۇنىڭغا: «ياق! ئۈستىمىزگە بىر پادىشاھ بېكىتىپ بەرگەيسەن» ــ
دېدىڭلار. ئەمدى ئۆزۈڭلارنى قەبىلەڭلار بويىچە، جەمەتىڭلار بويىچە
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىڭلار» ــ دېدى.

20 شۇنىڭ بىلەن سامۇئىل ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىنى
ئالدىغا جەم قىلىپ، چەك تاشلىۋىدى، چەك بىنيامىن
قەبىلىسىگە چىقتى. 21 ئۇ بىنيامىن قەبىلىسىنى جەمەت-
جەمەتلىرى بويىچە ئۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ چەك تاشلىۋىدى، چەك
ماترىنىڭ جەمەتىگە چىقتى. ئاندىن كېيىن يەنە چەك تاشلىۋىدى،
كىشنىڭ ئوغلى سائۇلغا چىقتى. ئۇلار ئۇنى ئىزدىۋىدى، ئەمما
ئۇنى تاپالمىدى.
22 شۇڭا ئۇلار پەرۋەردىگاردىن يەنە: ــ ئۇ كىشى بۇ يەرگە كېلەمدۇ؟ ــ
دەپ سورىدى.
پەرۋەردىگار جاۋابەن: ــ مانا، ئۇ يۈك-تاقلارنىڭ ئارىسىغا
يوشۇرۇنۇۋالدى، دېدى. 23 شۇڭا ئۇلار يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى شۇ يەردىن
ئېلىپ كەلدى. ئۇ خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندا خالايىقنىڭ بويى
ئۇنىڭ مۈرىسىگىمۇ كەلمىدى.

**19:10** 1سام. 7:8؛ 1سام. 8:19؛ 12:12.

**20:10** يە. 14:7

**23:10** 1سام. 2:9

24 ساموئىل بارلىق خەلققە: ــ ئەمدى پەرۋەردىگار تاللىغان كىشىگە
قاراڭلار! دەرۋەقە بارلىق خەلقنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغان بىرسى
يوقتۇر، دېدى. ۋە خەلقنىڭ ھەممىسى: ــ پادىشاھ ياشىسۇن! ــ دەپ
تowۋلاشتى.
25 ساموئىل خەلققە پادىشاھلىق ھوقۇق-قانۇنلىرىنى ئۇقتۇردى ۋە
ئۇنى ئورام يازما قىلىپ يېزىپ چىقىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا قويدى.
ئاندىن ساموئىل ھەممە خەلقنى، ھەرقايسىسىنى ئۆز ئۆيلىرىگە
قايتۇردى. 26 سائۇلمۇ ھەم گىبېئاھدىكى ئۆيىگە قايتتى؛ كۆڭۈللىرى
خۇدا تەرىپىدىن تەسىرلەندۈرۈلگەن بىر تۈركۈم باتۇر كىشى ئۇنىڭ
بىلەن بىللە باردى. 27 لېكىن بىرنەچچە رەزىل كىشى: ــ بۇ كىشى
قانداقمۇ بىزنى قۇتقۇزالىسۇن؟ ــ دەپ ئۇنى كەمسىتىپ ئۇنىڭغا ھېچ
سوۋغات بەرمىدى؛ ئەمما ئۇ ئاڭلىماسلىققا سالدى.

## سائۇل يابەشتىكلەرگە ياردەمگە باردۇ

11 1 شۇ ۋاقىتتا ئاموني ناھاش چىقىپ يابەش-گىلېئادنى
مۇھاسىرىگە ئالدى. يابەشنىڭ ھەممە ئادەملىرى ناھاشقا: ــ
ئەگەر بىز بىلەن ئەھدە تۈزسەڭ، ساڭا بويسۇنىمىز، دېدى.
2 لېكىن ئاموني ناھاش ئۇلارغا: ــ پۈتكۈل ئىسرائىلغا دەشنەم
قىلىش ئۈچۈن ھەر بىرىڭلارنىڭ ئوڭ كۆزىنى ئويۇپ ئاندىن سىلەر
بىلەن ئەھدە قىلاي، دېدى.
3 يابەشنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇنىڭغا: ــ بىزگە يەتتە كۈن مۆھلەت
بەرگىن؛ بىز ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل يۇرتىغا ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇپ

26:10 1سام. 2:13.

27:10 «بىرنەچچە رەزىل كىشى» ــ ئىبرانيي تىلدا: «بېلىئالنىڭ (شەيتاننىڭ) بىرنەچچە
باللىرى».

27:10 1سام. 12:11؛ 2تار. 5:17.

1:11 «يابەش-گىلېئاد» ــ دېمەك، گىلېئاد (رايونى)دىكى يابەش.

ئاندىن كېيىن بىزنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم چىقمىسا، ئۆزىمىز چىقىپ
ساڭا تەسلىم بولىمىز، دېدى.
4 ئەمدى ئەلچىلەر سائۇلنىڭ شەھىرى گىبېئاھقا كېلىپ مۇشۇ سۆزلەرنى
خەلقنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى؛ ھەممە خەلق پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىدى.
5 ۋە مانا، سائۇل ئېتىزلىقتىن چىقىپ كالىلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى،
ئۇ: ــ خەلق نېمە دەپ يىغلايدۇ، دەپ سورىدى. ئۇلار يابەشتىن كەلگەن
كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى. 6 سائۇل بۇ سۆزلەرنى
ئاڭلىغاندا خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، ئۇنىڭ غەزىپى
قاتتىق قوزغالدى. 7 ئۇ بىر جۈپ ئۆينى چېپىپ پارچىلاپ، پارچىلىرىنى
ئەلچىلەرنىڭ قولى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىسرائىل زېمىنىغا تارقىتىپ:
ــ ھەر كىم كېلىپ سائۇل بىلەن سامۇئىلغا ئەگەشمىسە، ئۇلارنىڭ
ئۆيلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىلىنىدۇ، دېدى.
شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ قورقۇنچى خەلقنىڭ ئۈستىگە چۈشتى؛
شۇنداق بولدىكى، ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئادەمدەك جەڭگە چىق
تى. 8 سائۇل ئۇلارنى بېزەك دېگەن جايدا سانىغاندا ئىسرائىللار ئۈچ
يۈز مىڭ، يەھۇدانىڭ ئادەملىرى بولسا ئوتتۇز مىڭ چىقتى. 9 ئۇلار
كەلگەن ئەلچىلەرگە: ــ گىلېئادتىكى يابەشنىڭ ئادەملىرىگە شۇنداق
ئېيتىڭلاركى، ئەتە كۈن چۈش بولغاندا نىجات سىلەرگە كېلىدۇ، دېدى.
ئەلچىلەر بېرىپ شۇنى گىلېئادتىكى يابەشلىقلارغا يەتكۈزدى؛ ئۇلار
ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى.
10 شۇنىڭ بىلەن يابەشتىكىلەر: ــ ئەتە بىز قېشىڭلارغا چىقىپ
تەسلىم بولىمىز، سىلەر بىزنى قانداق قىلىشقا لايىق كۆرسەڭلار،
شۇنداق قىلىڭلار، دېدى.
11 ئەتىسى شۇنداق بولدىكى، سائۇل خەلقنى ئۈچ بۆلەك قىلدى؛ ئۇلار
كېچە تۆتىنچى جېسەكتە لەشكەرگاھقا كىرىپ ئاممونىيلارنى كۈن
چۈش بولغۇچە ئۇرۇپ قىردى. تىرىك قالغانلار بولسا شۇنداق پاراكەندە
بولدىكى، ئۇلاردىن ئىككى ئادەممۇ بىر يەرگە كېلەلمىدى.

**7:11** ھاك. 1:20.

## سائۇل پادىشاھ قىلىندۇ

[12] خەلق ئەمدى سامۇئىلغا: ــ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە سائۇل پادىشاھ
بولمىسۇن دەپ ئېيتقانلار كىملەر؟ بۇ كىشىلەرنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى
ئۆلتۈرەيلى، دېدى.
[13] لېكىن سائۇل: ــ بۈگۈن ھېچكىم ئۆلتۈرۈلمىسۇن. چۈنكى بۈگۈن
پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا نۇسرەت بەردى، دېدى.
[14] سامۇئىل خەلققە: ــ قېنى، گىلگالغا بېرىپ ئۇ يەردە پادىشاھلىقنى
يېڭىباشتىن تىكلەيلى، دەپ ئېيتتى.
[15] شۇنى دېيۈدى، ھەممە خەلق گىلگالغا بېرىپ گىلگالدا
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سائۇلنى پادىشاھ قىلدى؛ ئۇلار ئۇ يەردە
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى كەلتۈردى. سائۇل
ھەم شۇنىڭدەك بارلىق ئىسرائىل شۇ يەردە زور خۇشاللىققا چۆمدى.

12 [1] سامۇئىل پۈتكۈل ئىسرائىلغا: ــ مانا، مەن سىلەرنىڭ بارلىق
ئېيتقان سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ ئۈستۈڭلارغا بىر پادىشاھ
قويدۇم؛ [2] مانا ئەمدى پادىشاھ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا يۈرمەكتە، مەن
بولسام قېرىپ بېشىم ئاقاردى؛ مانا، مېنىڭ ئوغۇللىرىممۇ ئاراڭلاردا
تۇردۇ. ياشلىقىمدىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا
مېڭىپ كەلدىم.
[3] مانا بۇ يەردە تۇرۇپتىمەن. پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇنىڭ مەسىھ

---

**12:11** 1سام. 27:10.

1:12 **«مەن سىلەرنىڭ بارلىق ئېيتقان سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ ئۈستۈڭلارغا بىر پادىشاھ قويدۇم»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «مەن سىلەرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىدە ئاۋازىڭلارغا قۇلاق سېلىپ بىر پادىشاھ قويدۇم» دېيىلىدۇ.

2:12 **«مانا، مېنىڭ ئوغۇللىرىممۇ ئاراڭلاردا تۇردۇ»** ــ سامۇئىلنىڭ دېگىنىنىڭ مەنىسى، شۈبھىسىزكى: «ئۆزۈم قېرى؛ مېنىڭ ئوغۇللىرىم ئۆز گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى مەسئۇل ــ سىلەر ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلساڭلار ئۆز ئىختىيارىڭلار. مەن ئۆزۈم سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گۇناھكار ئەمەسمەن» دېگەندەك.

قىلىنغىنىنىڭ ئالدىدا ماڭا ئەرزىڭلار بولسا دەۋېرىڭلار؛ كىمنىڭ
ئۆيىنى تارتىۋالدىم؟ كىمنىڭ ئېشىكىنى تارتىۋالدىم؟ كىمنىڭ
ھەققىنى يېدىم؟ كىمگە زۇلۇم قىلدىم؟ ياكى مەن كۆزۈمنى كور
قىلىش ئۈچۈن كىمدىن پارا ئالدىم؟ شۇنداق بولسا دەڭلار، ۋە مەن ئۇنى
سىلەرگە تۆلەپ بېرىمەن، دېدى.
4 ئۇلار جاۋاب بېرىپ: — سەن بىزنىڭ ھەققىمىزنى يېمىدىڭ،
ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمىدىڭ ۋە ھېچ كىشىنىڭ قولىدىن بىرەر
نەرسىنىمۇ ئېلىۋالمىدىڭ، دېدى.
5 ئۇ ئۇلارغا: — مەندە ھېچ ھەققىڭلار قالمىغانلىقىغا پەرۋەردىگار
سىلەرگە گۇۋاھ بولۇپ ۋە ئۇنىڭ مەسىھ قىلغىنى ھەم بۈگۈن گۇۋاھچى
بولسۇن، دېۋىدى، ئۇلار: — ئۇ گۇۋاھتۇر، دېدى.
6 سامۇئىل خەلققە مۇنداق دېدى: «گۇۋاھچى بولسا دەرۋەقە مۇسا بىلەن
ھارۇننى تىكلەپ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى مىسىر زېمىنىدىن چىقارغۇچى
پەرۋەردىگاردۇر! 7 ئەمدى ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، مەن پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا يۈرگۈزگەن
ھەققانىي ئەمەللىرىنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قويۇشقا سۆز قىلاي.
8 ياقۇپ مىسىرغا كىرگەندىن كېيىن ئاتا-بوۋىلىرىڭلار پەرۋەردىگارغا
پەرياد قىلغاندا، پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇننى ئەۋەتتى. ئۇلار
ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى مىسىردىن چىقىرىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاش
تۇردى. 9 ئەمما ئۇلار ئۆز خۇداسى پەرۋەردىگارنى ئۇنتۇدى؛ شۇڭا
ئۇ ئۇلارنى ھازورنىڭ قوشۇنىدىكى سەردار سىسېرانىڭ قولىغا،
فىلىستىيلەرنىڭ قولىغا ھەم موئابنىڭ پادىشاھىنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ بەردى؛ بۇلار ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشتى. 10 شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار پەرۋەردىگارغا پەرياد قىلىپ: «بىز گۇناھ قىلىپ پەرۋەردىگارنى

---

8:12 **«ياقۇپ مىسىرغا كىرگەندىن كېيىن...»** — «ياقۇپ» مۇشۇ يەردە ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ.

**8:12** يار. 5:46؛ مىس. 23:2؛ مىس. 10:3.

**9:12** ھاك. 2:4؛ ھاك. 7:10؛ ھاك. 12:3.

تاشلاپ بائاللار ۋە ئاشتاروتلارنىڭ ئىبادىتىدە بولدۇق؛ ئەمما ئەمدى
بىزنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغىن، بىز ساڭا ئىبادەت
قىلىمىز» دېدى. 11 ۋە پەرۋەردىگار يەرۇببائال، بېدان، يەفتاھ ۋە
سامۇئىلنى ئەۋەتىپ، ئەتراپىڭلاردىكى دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدىن
سىلەرنى قۇتقۇزدى، شۇنىڭ بىلەن تىنچ-ئامان تۇرۇۋاتقانىدىڭلار.
12 لېكىن خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار ئۆزى پادىشاھىڭلار بولسىمۇ،
ئاممونىنىڭ پادىشاھى ناھاشنىڭ سىلەرگە قارشى قوپقىنىنى
كۆرگىنىڭلاردا سىلەر: ياق! بىر پادىشاھ ئۈستىمىزگە سەلتەنەت
قىلسۇن دەپ ماڭا ئېيتتىڭلار. 13 ئەمدى سىلەر خالاپ تاللىغان،
سىلەر تىلىگەن پادىشاھقا قاراڭلار؛ مانا، پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ
ئۈستۈڭلارغا بىر پادىشاھ قويدى.
14 ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگاردىن قورقۇپ، ئۇنىڭ قۇللۇقىدا بولۇپ،
ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق
قىلمىساڭلار، سىلەر ھەم ئۈستۈڭلاردا سەلتەنەت قىلغان پادىشاھ
خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارغا ئەگەشسەڭلار، ئەمدى سىلەرگە ياخشى
بولىدۇ. 15 لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، بەلكى
پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلساڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ قولى
ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قارشى بولغاندەك سىلەرگىمۇ قارشى بولىدۇ.
16 ئەمدى تۇرۇڭلار، پەرۋەردىگار كۆزلىرىڭلارنىڭ ئالدىدا قىلىدىغان
ئۇلۇغ كارامەتنى كۆرۈڭلار! 17 بۇگۈن بۇغداي ئورىدىغان ۋاقىت
ئەمەسمۇ؟ مەن پەرۋەردىگارغا نىدا قىلاي، ئۇ گۈلدۈرماما بىلەن يامغۇر

10:12 **«پەرۋەردىگارنى تاشلاپ بائاللار ۋە ئاشتاروتلارنىڭ ئىبادىتىدە بولدۇق»** — «بائاللار» ۋە «ئاشتاروتلار» ئىككى خىل بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

11:12 **«پەرۋەردىگار يەرۇببائال، بېدان، يەفتاھ ۋە سامۇئىلنى ئەۋەتىپ...»** — «بېدان» بەلكىم باراكنى كۆرسىتىدۇ («ھاك.» 4-بابنى كۆرۈڭ).

**11:12** ھاك. 14:6؛ 3:10؛ 15:11.

**12:12** 1سام. 5:8، 19.

**13:12** 1سام. 19:10

**14:12** قان. 26:1.

ياغدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ بىر پادىشاھ تىلىگىنىڭلارنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە زور رەزىللىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ
يېتىسىلەر».
18 ئاندىن سامۇئىل پەرۋەردىگارغا نىدا قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن
پەرۋەردىگار شۇ كۈنى گۈلدۈرماما بىلەن يامغۇر ياغدۇردى. خەلق
پەرۋەردىگاردىن ۋە سامۇئىلدىن بەك قورقتى. 19 خەلقنىڭ ھەممىسى
سامۇئىلغا: ــ خۇدايىڭ پەرۋەردىگارغا بىزنى ئۆلمىسۇن دەپ
كەمىنىلىرىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلغىن؛ چۈنكى ھەممە گۇناھلىرىمىزنىڭ
ئۈستىگە يەنە يامانلىق ئاشۇرۇپ ئۆزىمىزگە بىر پادىشاھ تىلىدۇق،
دېدى.
20 سامۇئىل خەلققە مۇنداق دېدى: ــ قورقماڭلار؛ سىلەر دەرۋەقە بۇ ھەممە
رەزىللىكنى قىلغانسىلەر، لېكىن ئەمدى پەرۋەردىگارغا ئەگىشىشتىن
چەتنىمەي، پۈتكۈل كۆڭلۈڭلار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ
ئىبادىتىدە بولۇڭلار؛ 21 ئادەمگە پايدا يەتكۈزمەيدىغان ياكى ئادەمنى
قۇتقۇزالمايدىغان بىھۇدە ئىشلارنى ئىزدەپ، يولدىن ئېزىپ كەتمەڭلار؛
چۈنكى ئۇلارنىڭ تايىنى يوقتۇر. 22 چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز ئۇلۇغ نامى
ئۈچۈن ئۆز خەلقىنى تاشلىمايدۇ؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرنى ئۆز
خەلقى قىلىشنى لايىق كۆرگەندۇر.
23 ماڭا نىسبەتەن، سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىشتىن توختاش بىلەن
پەرۋەردىگارغا گۇناھ قىلىش مەندىن نېرى بولسۇن؛ بەلكى مەن
سىلەرگە ياخشى ۋە دۇرۇس يولنى ئۆگىتىمەن. 24 پەقەت سىلەر
پەرۋەردىگاردىن قورقۇپ پۈتكۈل كۆڭلۈڭلار ۋە ھەقىقەت بىلەن
ئۇنىڭ ئىبادىتىدە بولۇڭلار؛ چۈنكى سىلەر ئۈچۈن قىلغان ئۇلۇغ
كارامەتلەرگە قاراڭلار!
25 لېكىن يامانلىق قىلساڭلار، ھەم ئۆزۈڭلار ھەم پادىشاھىڭلار ھالاك
قىلىنىسىلەر».

## سائۇل پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ

13 [1] سائۇل ئوتتۇز ياشتا پادىشاھ بولۇپ ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىدە ئىككى يىل سەلتەنەت قىلغاندىن كېيىن [2] ئۆزىگە
ئىسرائىلدىن ئۈچ مىڭ ئادەمنى ئىلغاپ ئالدى. ئىككى مىڭى
مىكماشتا ۋە بەيت-ئەل تاغلىرىدا سائۇلنىڭ قېشىدا، بىر مىڭى
بىنيامىن زېمىنىدىكى گىبېئاھدا يوناتاننىڭ قېشىدا ئىدى. ئەمما
ئۇ قالغان خەلقنىڭ ھەربىرىنى ئۆز ئۆيلىرىگە كەتكۈزۈۋەتتى.
[3] يوناتان بولسا فىلىستىيلەرنىڭ گىبادىكى لەشكەرگاھىغا ھۇجۇم
قىلدى، فىلىستىيلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى. سائۇل بولسا: ــ پۈتكۈل
زېمىندىكى ئىبرانىيلار ئاڭلاپ ئويغانسۇن دەپ، كاناي چالدۇردى.
[4] پۈتكۈل ئىسرائىل سائۇلنىڭ فىلىستىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىغا
ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن ھەمدە ئىسرائىلنىڭ فىلىستىيلەرگە
نەپرەتلىنىدىغانلىكىدىن خەۋەر تاپتى. خەلق سائۇلنىڭ كەينىدىن
گىلگالغا يىغىلدى.
[5] فىلىستىيلەردىن ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى ئۈچ مىڭ جەڭ
ھارۋىسى، ئالتە مىڭ ئاتلىق لەشكەر ۋە دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك
كۆپ پىيادە لەشكەر يىغىلدى. ئۇلار كېلىپ بەيت-ئاۋەننىڭ شەرق
تەرىپىدىكى مىكماشتا بارگاھ تىكتى.
[6] ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق خىيىم-خەتەردە
قالغانلىقىنى كۆرۈپ غارلارغا، چاتقاللىقلارغا، قىيا تاشلىقلارغا،

---

1:13 **«سائۇل ئوتتۇز ياشتا پادىشاھ بولۇپ ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە ئىككى يىل سەلتەنەت قىلغاندىن كېيىن...»** ــ قەدىمكى كۆچۈرمىلەردە بۇ ئايەت باشقا شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ. «سائۇل **ئوتتۇز** ياشتا...» دېگەن سۆز تەۋراتنىڭ گرېكچە تەرجىمىسى (LXX)دە كۆرۈلىدۇ. سائۇل جەمئىي قىرىق يىل سەلتەنەت قىلدى («روس.» 21:13).

5:13 **«فىلىستىيلەردىن ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى ئۈچ مىڭ جەڭ ھارۋىسى، ... يىغىلدى»** ــ كۆپ كونا كۆچۈرۈلمىلەردە: «فىلىستىيلەردىن ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى ئوتتۇز مىڭ جەڭ ھارۋىسى... يىغىلدى» دېيىلىدۇ. لېكىن بۇنداق كۆپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ «جەڭ ھارۋىلىرى» ئىچىدە يۈك-تاقلارنى ئېلىپ ماڭغان ھارۋىلارمۇ بار ئىدى. **«بەيت-ئاۋەن»** ــ يەنى «بەيت-ئەل».

يۇقىرى جايلارغا ۋە ئازگاللارغا يوشۇرۇنۇۋېلىشتى؛ [7]بەزى ئىبرانىيلار
ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گاد ۋە گىلېئادنىڭ زېمىنىغا قېچىپ
باردى. لېكىن سائۇل گىلگالدا قالدى، ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭغا تىترىگەن ھالدا ئەگەشتى.
[8]ئەمدى سائۇل سامۇئىل ئۇنىڭغا بېكىتكەن ۋاقىتقىچە يەتتە كۈن
كۈتۈپ تۇردى؛ لېكىن سامۇئىل گىلگالغا كەلمىدى، خەلق ئۇنىڭدىن
تارىلىپ كەتكىلى تۇردى. [9]سائۇل: ــ كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن
ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى بۇ يەرگە ــ يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار،
دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆزى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۆتكۈزدى. [10] ۋە شۇنداق
بولدىكى، ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى تۈگىتىشى بىلەنلا، مانا سامۇئىل
كەلدى. سائۇل ئۇنىڭغا سالام قىلغىلى ئالدىغا چىقتى.
[11] لېكىن سامۇئىل: ــ نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟! ــ دەپ سورىدى. سائۇل: ــ
خەلق مەندىن تارىلىپ كەتكەنلىكىنى، سىلىنىڭ بېكىتكەن ۋاقىتتا
كەلمىگەنلىكلىرىنى، فىلىستىيلەرنىڭ مىكماشتا يىغىلغىنىنى
كۆردۈم، [12] مەن ئىچىمدە: ئەمدى فىلىستىيلەر گىلگالغا چۈشۈپ
ماڭا ھۇجۇم قىلماقچى، مەن بولسام تېخى پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا
قىلمىدىم، دېدىم. شۇڭا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىشقا ئۆزۈمنى
مەجبۇرلىدىم، دېدى.
[13] سامۇئىل سائۇلغا: ــ سەن ئەخمەقلىق قىلدىڭ؛ سەن خۇدايىڭ
پەرۋەردىگار ساڭا بۇيرۇغان ئەمرنى تۇتمىدىڭ؛ شۇنداق قىلغان
بولساڭ پەرۋەردىگار ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدىكى سەلتەنىتىڭنى
مەڭگۇ مۇستەھكەم قىلاتتى، دېدى. [14] لېكىن ئەمدى سەلتەنىتىڭ
مۇستەھكەم تۇرمايدۇ. پەرۋەردىگار ئۆز كۆڭلىدىكىدەك مۇۋاپىق بىر
ئادەمنى ئىزدەپ تاپتى. پەرۋەردىگار ئۇنى ئۆز خەلقىنىڭ باشلامچىسى
قىلدى، چۈنكى سەن پەرۋەردىگار ساڭا بۇيرۇغاننى تۇتمىدىڭ، دېدى.

---

**6:13 «ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق خىيىم-خەتەردە قالغانلىقى»** ــ «ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق خىيىم-خەتەردە قالغانلىقى» بەلكىم قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرستىشى مۇمكىن.

15 ئاندىن سامۇئىل ئورنىدىن تۇرۇپ گىلگالدىن كېتىپ بىنيامىن زېمىنىدىكى گىبېئاھغا باردى. سائۇل بولسا ئۆز يېنىدىكى ئادەملەرنى ساندى؛ ئۇلار ئالتە يۈزچە چىقتى. 16 سائۇل بىلەن ئوغلى يوناتان ۋە ئۇلارنىڭ قېشىدا قالغان خەلق بىنيامىن زېمىنىدىكى گېبادا قېلىپ قالدى، فىلىستىيلەر بولسا مىكماشتا بارگاھ تىككەنىدى.
17 قاراقچىلار دائىم فىلىستىيلەرنىڭ بارگاھىدىن چىقىپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنەتتى. بىر بۆلەك شۇئال زېمىنىدىكى ئوفراھقا بارىدىغان يولغا ئاتلىناتتى، 18 بىر بۆلەك بەيت-ھورونغا بارىدىغان يول بىلەن ماڭاتتى، يەنە بىر بۆلەك چۆلنىڭ چېتىدىكى زەبوئىم جىلغىسىغا قارايدىغان زېمىندىكى يولغا ماڭاتتى.
19 ئەمما پۈتكۈل ئىسرائىل زېمىنىدا ھېچبىر تۆمۈرچى تېپىلمايتتى؛ چۈنكى فىلىستىيلەر: ــ ئىبرانىيلار ئۆزلىرىگە قىلىچ ياكى نەيزە ياسىيالمىسۇن، دەپ ئويلايتتى. 20 بۇ سەۋەبتىن ئىسرائىللار ھەممىسى ساپان چىشلىرى، كەتمەنلىرى، پالتىلىرىنى ۋە ئورغاقلىرىنى بىسلاش ئۈچۈن فىلىستىيلەرنىڭ قېشىغا باراتتى. 21 ئۇلار ساپان چىشلىرى ۋە كەتمەنلەر ئۈچۈن ئۈچتىن ئىككى شەكەل، جوتۇ، پالتا ۋە زىخلارنى بىسلاش ئۈچۈن ئۈچتىن بىر شەكەلنى تۆلەيتتى. 22 شۇڭا ئۇرۇش بولغاندا سائۇل ۋە يوناتاننىڭ قېشىدىكى خەلقنىڭ ھېچبىرىدە قىلىچ يا نەيزە يوق ئىدى؛ پەقەت سائۇل بىلەن ئوغلى يوناتاندىلا بار ئىدى.

## يوناتان يالغۇز جەڭگە چىقىدۇ

23 ئۇ ۋاقىتتا فىلىستىيلەرنىڭ بىر قاراۋۇللار ئەترىتى مىكماشتىكى داۋانغا چىققانىدى.

14 1 بىر كۈنى سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە: ــ كەلگىن، ئۇدۇلىمىزدىكى فىلىستىيلەرنىڭ قاراۋۇللار

19:13 ھاك. 8:5.

ئەترىتىنىڭ يېنىغا چىقايلى، دېدى. ئەمما ئۇ ئاتىسىغا ھېچنېمە
دېمىدى. 2 سائۇل بولسا گىبېئاھنىڭ چېتىدىكى مىگروندىكى ئانار
دەرىخىنىڭ تېگىدە قالدى. ئۇنىڭ قېشىدىكى خەلق ئالتە يۈزچە
ئىدى 3 (ئۇ ۋاقىتتا ئەفودنى ئاختۇبنىڭ ئوغلى، ئىخابودنىڭ ئاكىسى
ئاخىياھ كىيەتتى؛ ئۇ شىلوھدا تۇرۇۋاتقان، پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنى
ئىدى. ئاختۇب فىنىھاسنىڭ ئوغلى، فىنىھاس ئەلىنىڭ ئوغلى
ئىدى). خەلق بولسا يوناتاننىڭ كەتكىنلىكىنى بىلمىگەنىدى.
4 يوناتان فىلىستىيلەرنىڭ قاراۋۇللار ئەترىتى تەرەپكە ئۆتمەكچى
بولغان داۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدە تىۋرۈكتەك تىك قىيا تاشلار بار
ئىدى. بىرىنىڭ نامى بوزەز، يەنە بىرىنىڭ نامى سەنەھ ئىدى. 5 بىر
قىيا تاش شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، مىخماش بىلەن قارىشىپ تۇراتتى،
يەنە بىرى جەبۇب تەرىپىدە گىبانىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. 6 يوناتان ياراغ
كۆتۈرگۈچىسىگە: ــ كەل، بۇ خەتنىسىزلەرنىڭ قاراۋۇللار ئەترىتىگە
چىقايلى؛ پەرۋەردىگار بىز ئۈچۈن بىر ئىش قىلسا ئەجەب ئەمەس،
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ كۆپ ياكى ئاز
بولۇشى ھېچ توسالغۇ بولمايدۇ، دېدى.
7 ئۇنىڭ ياراغ كۆتۈرگۈچىسى ئۇنىڭغا: ــ كۆڭلۈڭدە ھەر نېمە بولسا
شۇنى قىلغىن؛ بارغىن، مانا، كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا مەن سەن بىلەن
بىللىمەن، دېدى.
8 يوناتان: ــ مانا، بىز ئۇ ئادەملەر تەرەپكە چىقىپ ئۆزىمىزنى ئۇلارغا
كۆرسىتەيلى؛ 9 ئەگەر ئۇلار بىزگە: ــ بىز سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارغۇچە
تۇرۇپ تۇرۇڭلار، دېسە ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقماي ئۆز جايىمىزدا تۇرۇپ

---

1:14 **«ياراغ كۆتۈرگۈچى»** ــ بۇ ئىبارىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ساۋۇت-قالقان كۆتۈرگۈچى».

**2:14** 1سام. 15:13

3:14 **«ئۇ ۋاقىتتا ئەفودنى ئاختۇبنىڭ ئوغلى، ئىخابودنىڭ ئاكىسى ئاخىياھ كىيەتتى»** ــ «ئەفود»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «مىس.» 28-بابنى ۋە ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈڭ. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئارقىلىق پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىنى ياكى ھۆكۈملىرىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئادەتتە پەقەت «باش كاھىن» ئەفودنى كىيەتتى.

تۇرايلى؛ 10 لېكىن ئۇلار: ــ بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىڭلار، دېسە، چىقايلى. چۈنكى شۇنداق بولسا پەرۋەردىگار ئۇلارنى قولىمىزغا بېرىپتۇ، دەپ بىلىمىز؛ مۇشۇنداق ئىش بىزگە بىر بېشارەت بولىدۇ، دېدى.
11 ئىككىيلەن ئۆزىنى فىلىستىيلەرنىڭ قاراۋۇللار ئەترىتىگە كۆرسەتتى. فىلىستىيلەر: ــ مانا، ئىبرانىيلار ئۆزىنى يوشۇرغان ئازگاللاردىن چىقىۋاتىدۇ، دېدى. 12 ئەترەتتىكىلەر يوناتان بىلەن ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە: ــ بىزگە چىقىڭلار، بىز سىلەرگە بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ قويىمىز، دېدى. يوناتان ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە: ــ ماڭا ئەگىشىپ چىققىن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ قولىغا بەردى، دېدى. 13 يوناتان قول-پۇتلىرى بىلەن ئۆمىلەپ چىقتى، ياراغ كۆتۈرگۈچىسى كەينىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشتى. فىلىستىيلەر يوناتاننىڭ ئالدىدا يىقىلىشتى؛ ياراغ كۆتۈرگۈچىسى كەينىدىن كېلىپ ئۇلارنى قەتل قىلدى.
14 شۇ تۇنجى ھۇجۇمدا يوناتان بىلەن ياراغ كۆتۈرگۈچىسى تەخمىنەن يېرىم قوشلۇق يەردە ئۆلتۈرگەنلەر يىگىرمىدەك ئادەم ئىدى.
15 ئاندىن لەشكەرگاھدىكىلەرنى، دالادا تۇرۇۋاتقانلارنى، بارلىق ئەترەتلەردىكىلەرنى ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچىلارنى تىترەك باستى. ئۇلار ھەم تىترەپ قورقتى، يەرمۇ تەۋرىنىپ كەتتى؛ چۈنكى بۇ چوڭ قورقۇنچ خۇدا تەرىپىدىن كەلگەنىدى.
16 ئەمدى بىنيامىن زېمىنىدىكى گىبېئاھدا تۇرۇۋاتقان پايلاقچىلار كۆردىكى، مانا، لەشكەر توپلىرى تارمار بولۇپ ئۇيان-بۇيان يۈگۈرۈشۈپ كەتتى. 17 سائۇل قېشىدىكى خەلققە: ئادەملىرىمىزنى ساناپ كىمنىڭ بۇ يەردىن كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاڭلار، دېدى. ئۇلار سانىۋىدى، مانا، يوناتان بىلەن ياراغ كۆتۈرگۈچىسى يوق چىقتى. 18 سائۇل ئاخىياھقا: ــ خۇدانىڭ ئەھدەساندۇقىنى ئېلىپ كەلگىن، دېدى. چۈنكى ئۇ

---

14:14 **«يېرىم قوشلۇق يەر»** ــ «بىر قوشلۇق يەر» كالا بىلەن بىر كۈن ئىچىدە ھەيدەپ بولغىلى بولىدىغان يەر.

ۋاقىتتا خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ئىدى.
[19] سائۇل كاھىنغا سۆز قىلىۋاتقاندا فىلىستىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىدا
بولغان غەلۋە بارغانسېرى كۆچىيىپ كەتتى. سائۇل كاھىنغا: ــ قولۇڭنى
يىغقىن، دېدى. [20] ئاندىن سائۇل ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە خەلق
يىغىلىپ جەڭگە چىقتى؛ ۋە مانا، فىلىستىيلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز
سەپدىشىغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ زور پاراكەندىلىك بولدى.
[21] ئۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى فىلىستىيلەرنىڭ ئارىسىدا بولغان، ئۇلار
بىلەن بىللە لەشكەرگاھىنىڭ ئەتراپىغا چىققان ئىبرانىيلار بار ئىدى؛
ئۇلارمۇ سائۇل ۋە يوناتان بىلەن بىللە بولغان ئىسرائىللارغا قوشۇلدى.
[22] شۇنىڭدەك ئەفرائىم تاغلىرىدا ئۆزىنى يوشۇرغان ئىسرائىللار
فىلىستىيلەرنىڭ قاچقىنىنى ئاڭلىغاندا سوقۇشقا چىقىپ ئۇلارنى
قوغلىدى. [23] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇ كۈنى ئىسرائىلغا نۇسرەت
بەردى. سوقۇش بەيت-ئاۋەننىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى.
[24] لېكىن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ئۇ كۈنى زور بېسىم ئاستىدا قالدى.
چۈنكى سائۇل ئۇلارغا قەسەم ئىچكۈزۈپ: ــ مەن دۈشمەنلىرىمدىن
ئىنتىقام ئالمىغۇچە كەچ بولۇشتىن ئىلگىرى تائام يېگەن كىشىگە
لەنەت بولسۇن، دەپ ئېيتقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقتىن ھېچكىم
تائام يېمىدى. [25] ئەمما بارلىق زېمىندىكى قوشۇن بىر ئورمانلىققا
كىرگەندە يەر يۈزىدە ھەسەل بار ئىدى. [26] خەلق ئورمانلىققا كىرگەندە،
مانا بۇ ھەسەل ئېقىپ تۇراتتى؛ لېكىن ھېچكىم قولىنى ئاغزىغا
كۆتۈرمىدى، چۈنكى خەلق قەسەمدىن قورقاتتى.
[27] لېكىن يوناتان ئاتىسىنىڭ خەلققە قەسەم ئىچكۈزگەنلىكىنى

---

18:14 **«خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كەلگىن»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «ئەفودنى ئېلىپ كەلگىن» دېيىلىدۇ.

19:14 **«سائۇل كاھىنغا: ــ قولۇڭنى يىغقىن، دېدى»** ــ شۈبھىسىزكى، سائۇل كاھىندىن ئەفودتىكى «ئۇرىم ۋە تۇممىم» («مىس.» 30:28، «لاۋ.» 8:8، «چۆل.» 21:27) ئارقىلىق خۇدادىن يوليورۇق سورىماقچى ئىدى. لېكىن كېيىنكى خەۋەرگە قارىغاندا، سائۇل نېمە يوليورۇقنى كۈتمەي دەرھال دۈشمەنلەرنى خوغلىغىلى تۇردى.

20:14 **«يىغىلىپ جەڭگە چىقتى»** ــ ياكى «جار سېلىشىپ جەڭگە چىقتى».

**ئاچىلمىغانىدى. شۇڭا ئۇ قولىدىكى ھاسىنى سۇنۇپ ئۇچىنى ھەسەل**
**كۆنىكىگە تىقىپ قولى بىلەن ئاغزىغا سالدى. شۇنداق قىلىپ**
**كۆزلىرى نۇرلاندى. [28] ئەمما خەلقتىن بىرى: سېنىڭ ئاتاڭ خەلققە چىڭ**
**قەسەم ئىچكۈزۈپ: — بۈگۈن تائام يېگەن كىشىگە لەنەت بولسۇن! دەپ**
**ئېيتقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ھالسىزلىنىپ كەتتى، دېدى.**
**[29] يوناتان: — مېنىڭ ئاتام زېمىنغا ئازار بەردى؛ قاراڭلار، بۇ ھەسەلدىن**
**كىچىككىنە تېتىشىم بىلەنلا كۆزلىرىمنىڭ شۇنچە نۇرلانغىنىنى**
**كۆرمىدىڭلارمۇ؟ [30] خەلق بۈگۈن دۈشمەنلەردىن تارتىۋالغان ئولجىدىن**
**خالىغىنىنى يېگەن بولسا فىلىستىيلەرنىڭ ئارىسىدىكى**
**قىرغىنچىلىق تېخىمۇ زور بولماسمىدى؟ — دېدى.**
**[31] ئاشۇ كۈنى ئۇلار مىكماشتىن تارتىپ فىلىستىيلەرنى قوغلاپ**
**ئايجالونغىچە ئۇرۇپ قىرىشتى؛ خەلق تولا ھېرىپ كەتكەنىدى. [32] شۇنىڭ**
**بىلەن خەلق ئولجا ئۈستىگە ئېتىلىپ بېرىپ، قوي، كالا ۋە موزايلارنى**
**تۇتۇپ شۇ يەردىلا سويدى. ئاندىن خەلق گۆشنى قانىنى ئادالىۋەتمەيلا**
**يېدى.**
**[33] سائۇلغا خەۋەر كېلىپ: مانا، خەلق قانىنى ئادالىۋەتمەيلا گۆشنى**
**يەپ پەرۋەردىگارغا گۇناھ قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئېيتىلدى. ئۇ: سىلەر**
**پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلدىڭلار! ئەمدى بۇ يەرگە يېنىمغا چوڭ بىر**
**تاشنى دومىلىتىپ كېلىڭلار، دېدى. [34] سائۇل يەنە: سىلەر خەلقنىڭ**
**ئارىسىغا چىقىپ ئۇلارغا: ھەربىرى ئۆز كالىسىنى، ئۆز قويىنى**
**قېشىمغا ئېلىپ كېلىپ بۇ يەردە سويۇپ يېسۇن؛ لېكىن گۆشنى قانىنى**
**ئادالىۋەتمەي يەپ، پەرۋەردىگارغا گۇناھ قىلماڭلار، دەڭلار، دېدى. بۇ**
**كېچە خەلقنىڭ ھەممىسى ھەربىرى ئۆز كالىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇ**
**يەردە سويدى. [35] سائۇل بولسا پەرۋەردىگارغا بىر قۇربانگاھ ياسىدى.**
**بۇ ئۇنىڭ پەرۋەردىگارغا ياسىغان تۇنجى قۇربانگاھى ئىدى.**

---

32:14 **«شۇنىڭ بىلەن خەلق ئولجا ئۈستىگە ئېتىلىپ بېرىپ، قوي، كالا ۋە موزايلارنى تۇتۇپ شۇ يەردىلا سويدى. ئاندىن خەلق گۆشنى قانىنى ئادالىۋەتمەيلا يېدى»** — مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، قانىنى ئاۋۋال ئادالىۋەتمەي گۆشنى يېيىش گۇناھ بولاتتى

36 سائۇل: ــ بۇ كېچىدە فىلىستىيلەرنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ئەتە تاڭ
ئاتقۇچە ئۇلارنى تالاپ ھېچ بىرىنى تىرىك قويمايلى، دېدى. خەلق: ــ
نېمە ساڭا ياخشى كۆرۈنسە شۇنى قىلغىن، دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن
كاھىن سۆز قىلىپ: ــ پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا كىرىپ يولىيورۇق سوراپ
چىقايلى، دېدى. 37 سائۇل خۇدادىن: ــ يا فىلىستىيلەرنىڭ كەينىدىن
چۈشەيمۇ؟ سەن ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ قولىغا تاپشۇرامسەن؟ ــ دەپ
سورىدى. لېكىن ئۇ كۈنى ئۇ ئۇنىڭغا ھېچ جاۋاب بەرمىدى. 38 سائۇل:
ــ ئى خەلقنىڭ ھەممە چوڭلىرى، بۇ يەرگە چىقىڭلار. بۈگۈن كىم گۇناھ
قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىڭلار. 39 چۈنكى ئىسرائىلغا نۇسرەت
بەرگەن پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ گۇناھ
ھەتتا ئوغلۇم يوناتاندا تېپىلسىمۇ ئۇ جەزمەن ئۆلتۈرۈلسۇن، دېدى.
لېكىن پۈتكۈل خەلقتىن ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.
40 ئاندىن ئۇ پۈتكۈل ئىسرائىلغا: ــ سىلەر بىر تەرەپتە تۇرۇڭلار، مەن
ئوغلۇم يوناتان يەنە بىر تەرەپتە تۇرايلى، دېدى. خەلق ئۇنىڭغا: ــ نېمە
ساڭا ياخشى كۆرۈنسە، شۇنى قىلغىن، دېدى.
41 سائۇل ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا: ــ بۇ چەك بىلەن
ئەينى ئەھۋالنى ئاشكارا قىلغايسەن، دېدى. چەك بولسا سائۇل بىلەن
يوناتاننى كۆرسەتتى، خەلق قۇتۇلدى.
42 سائۇل: ــ مېنىڭ بىلەن ئوغلۇم يوناتاننىڭ ئوتتۇرىسىغا چەك
تاشلاڭلار، دېدى. شۇنداق قىلىۋىدى، چەك يوناتانغا چىقتى. 43 سائۇل
يوناتانغا: ــ قىلغىنىڭنى ماڭا ئېيتقىن، دېدى. يوناتان ئۇنىڭغا: ــ
قولۇمدىكى ھاسا بىلەن كىچىككىنە ھەسەل ئېلىپ تېتىپ باقتىم

38:14 **«سائۇل: ــ ئى خەلقنىڭ ھەممە چوڭلىرى، بۇ يەرگە چىقىڭلار. بۈگۈن كىم گۇناھ قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىڭلار»** ــ خۇدا ئۆزىگە جاۋاب بەرمىگەچكە، سائۇل ئارىمىزدا گۇناھ بار، دەپ بىلدى.

**38:14** ھاك. 2:20

**41:14 «بۇ چەك بىلەن ئەينى ئەھۋالنى ئاشكارا قىلغايسەن»** ــ گرېك تىلىدىكى LXX تەرجىمىسىدە «نېمىشقا بۈگۈن قۇلۇڭغا جاۋاب بەرمەيسەن؟ ئەيىب بەندە ياكى ئوغلۇم يوناتاندا بولسا، «ئۇرىم» چىقسۇن؛ ئىسرائىللاردا بولسا «تۇممىم» چىقسۇن» دېيىلىدۇ.

ۋە مانا، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدۇم! ــ دەپ جاۋاب
بەردى.
44 سائۇل: ــ سەن چوقۇم ئۆلۈشۈڭ كېرەك، ئى يوناتان؛ ئۇنداق قىلمىسام،
خۇدا ماڭا سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەندىنمۇ ئارتۇق چۈشۈرسۇن! ــ
دېدى.
45 لېكىن خەلق سائۇلغا: ــ ئىسرائىلدا بۇ ئۇلۇغ نۇسرەتنى
قازانغان يوناتان ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟ بۇنداق ئىش بىزدىن نېرى بولغاي!
پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئۇنىڭ بېشىدىن
بىر تال چاچ يەرگە چۈشمەيدۇ؛ چۈنكى بۈگۈنكى ئىشنى ئۇ خۇدانىڭ
ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى، دېدى. شۇنداق قىلىپ خەلق
يوناتاننى ئۆلۈمدىن خالاس قىلدى. 46 ئاندىن سائۇل فىلىستىيلەرنى
قوغلاشتىن توختىدى؛ فىلىستىيلەرمۇ ئۆز جايىغا قايتىپ كەتتى.
47 شۇنداق قىلىپ سائۇل ئىسرائىلنىڭ سەلتەنىتىنى ئۆزىنىڭ
قىلدى؛ ئاندىن ئۇ چۆرىسىدىكى دۈشمەنلىرىگە، يەنى موئابلار،
ئاممونىيلار، ئېدومىيلار، زوباھدىكى پادىشاھلار ۋە فىلىستىيلەرگە
ھۇجۇم قىلدى. ئۇ قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە غالىب كېلەتتى. 48 ئۇ زور
جاسارەت كۆرسىتىپ ئامالەكلەرنى ئۇرۇپ ئىسرائىلنى بۇلاڭ-تالاڭ
قىلغۇچىلاردىن قۇتقۇزدى.

## سائۇلنىڭ جەمەتى

49 سائۇلنىڭ ئوغۇللىرى يوناتان، يىشۋى ۋە مالقى-شۇئا ئىدى؛ ئۇنىڭ
ئىككى قىزىنىڭ ئىسمى بولسا ــ چوڭىنىڭ مېراب، كىچىكىنىڭ
مىقال ئىدى. 50 سائۇلنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى ئاھىنوئام بولۇپ، ئۇ
ئاخىمائازنىڭ قىزى ئىدى. سائۇلنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى ئابنەر
ئىدى؛ ئۇ سائۇلنىڭ تاغىسى نەرنىڭ ئوغلى ئىدى. 51 سائۇلنىڭ
ئاتىسى كىش ۋە ئابنەرنىڭ ئاتىسى نەر بولسا، ئىككىسى ئابىئەلنىڭ

47:14 **«ئۇ قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە غالىب كېلەتتى»** ــ ياكى «ئۇ قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە ئۇلارنى ۋەيران قىلاتتى».

ئوغۇللىرى ئىدى. [52] سائۇل پۈتكۈل ئۆمرىدە فىلىستىيلەر بىلەن
قاتتىق جەڭدە بولۇپ تۇردى. سائۇل ئۆزى ھەرقاچان باتۇر يا پالۋانلارنى
كۆرسە، ئۇنى ئۆز خىزمىتىگە سالاتتى.

## سائۇلنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىشى

15 [1] ئەمدى ساموئىل سائۇلغا: ــ پەرۋەردىگار سېنى ئۆز خەلقى
ئىسرائىل ئۈستىگە پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن مەسىھ قىلغىلى
مېنى ئەۋەتكەنىدى؛ ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىن.
[2] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ مەن ئامالەكلەرنىڭ ئىسرائىلغا قىلغان مۇئامىلىسىنى، يەنى
ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندا ئۇلارنىڭ يولدا ئۇلارغا قانداق
قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆڭلۈمگە پۈككەنمەن. [3] ئەمدى بېرىپ
ئامالەكلەرنى ئۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىپ ئۇلارنى ھېچ
ئايىمايلا، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ئۆسمۈر بولسۇن، بوۋاق بولسۇن،
كالا-قوي، تۆگە ۋە ئېشەك ھەممىسىنى يوقاتقىن، دېدى. [4] سائۇل
خەلقنى جەم قىلىپ ئۇلارنى تەلائىم شەھىرىدە سانىۋىدى، ئىككى
يۈز مىڭ پىيادە ئەسكەر، يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئون مىڭ ئادەم چىقتى.
[5] سائۇل ئامالەكلەرنىڭ شەھىرىگە كەلگەندە شۇ يەردىكى ۋادىدا
بۆكتۈرمە قويدى.
[6] ئاندىن سائۇل كېنىيلەرگە: ــ چىقىپ كېتىڭلار، سىلەرنى ئۇلار بىلەن
قوشۇپ يوقاتماسلىقىم ئۈچۈن ئامالەكلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ
كېتىڭلار؛ چۈنكى ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندا سىلەر ئۇلارنىڭ
ھەممىسىگە مېھرىبانلىق كۆرسەتكەنسىلەر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن
كېنىيلەر ئامالەكلەردىن چىقىپ كەتتى. [7] ئەمدى سائۇل ئامالەكلەرنى

---

**2:15** مس. 17:8، 14؛ قان. 17:25

5:15 **«ئامالەكلەرنىڭ شەھىرىگە»** ــ ياكى «ئامالەكلەرنىڭ شەھەرلىرىگە».

**6:15** مس. 10:18، 19؛ چۆل. 29:10؛ ھاك. 16:1

**ھاۋىلاھدىن تارتىپ مىسىرنىڭ ئۇدۇلىدىكى شۇرغىچە قوغلاپ
ئۇردى. [8] ئۇ ئامالەكلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگنى تىرىك تۇتتى، ئەمما
بارلىق خەلقنى قىلىچ بىسى بىلەن پۈتۈنلەي يوقاتتى.
[9] لېكىن سائۇل بىلەن خەلق ئاگاگنى ئايىدى ۋە قوي-كالا، بوردالغان مال
ۋە قوزىلاردىن ئەڭ ئېسىللىرىنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن نېمە ياخشى
بولسا شۇنى ئاياپ ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا قولى بارمىدى؛ لېكىن نېمە
يارىماس ۋە زەئىپ بولسا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار يوقاتتى.
[10] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى سامۇئىلغا كېلىپ مۇنداق
دېگەندە: ــ [11] «سائۇلنى پادىشاھ قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم، چۈنكى
ئۇ ماڭا ئەگىشىشتىن يېنىپ مېنىڭ سۆزۈمگە ئەمەل قىلمىدى».
سامۇئىل ئازار چېكىپ پۈتكۈل بىر كېچە پەرۋەردىگارغا پەرياد
كۆتۈردى.
[12] ئەتىسى سامۇئىل سائۇلنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن تاڭ سەھەردىلا
ئورنىدىن تۇردى. سامۇئىلغا: ــ سائۇل كارمەلگە باردى ۋە مانا، ئۇ
ئۆزىگە بىر ئابىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن يېنىپ گىلگالغا چۈشۈپتۇ، دېگەن
خەۋەر بېرىلدى.
[13] سامۇئىل سائۇلنىڭ قېشىغا كەلگەندە سائۇل ئۇنىڭغا: ــ
پەرۋەردىگار سېنى مۇبارەكلىگەي! پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل
قىلدىم، دېدى.**

---

**8:15** چۆل. 7:24

9:15 **«سائۇل بىلەن خەلق ... قوي-كالا، بوردالغان مال ۋە قوزىلاردىن ئەڭ ئېسىللىرىنىڭ ھەممىسىنى ...ھالاك قىلىشقا قولى بارمىدى»** ــ «بوردالغان مال» دېگەننىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى: «ئىككىنچى تۇغۇلغان مال».

10:15 **«پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى سامۇئىلغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە...»** ــ ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى سامۇئىلغا كېلىپ مۇنداق دېدى» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. تاۋراتتا بىر يۈزدىن ئارتۇق قېتىممۇ «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى پالانچى ئادەمگە كېلىپ مۇنداق دېدى» دېگەن ئىبارە تېپىلىدۇ. ئېنىقكى، «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى» بىر شەخسكە ئوخشايدۇ.«يار.» 8:3 «ئۇلار پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئاۋازىنىڭ باغدا ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ كېلىپ....» دېگەنلىكتىمۇ «پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئاۋازى» بىر شەخسنى كۆرسىتىدۇ. شۈبھىسىزكى بۇ شەخس «ئۈچتە بىر»دىكى ئىككىنچى شەخنىسدۇر.

14 لېكىن سامۇئىل: ــ ئۇنداق بولسا قۇلىقىمغا ئاڭلانغان قوينىڭ
مەرىشى بىلەن مەن ئاڭلاۋاتقان كالىنىڭ مۆرىشى زادى نەدىن كەلدى؟
ــ دېدى.
15 سائۇل جاۋاب بېرىپ: ــ ئۇلار ئامالەكلەردىن ئېلىپ كېلىندى؛
چۈنكى خەلق خۇدايىڭ پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن قوي-
كالىنىڭ ئېسىللىرىنى ئاياپ قالدۇرۇپ قويدى؛ قالغىنىنى بولسا
پۈتۈنلەي يوقاتتۇق، دېدى.
16 سامۇئىل سائۇلغا: ــ قوي، بۇ گېپىڭنى! مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇ
كېچە ماڭا نېمە دېگىنىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا: ــ
ئېيتقىن، دېدى.
17 سامۇئىل مۇنداق دېدى: ــ ئۆز نەزىرىڭدە كىچىك ھېسابلانغان
ۋاقتىڭدىلا پەرۋەردىگار سېنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە
پادىشاھ بولسۇن دەپ، مەسىھ قىلىشى بىلەن سەن ئىسرائىل
قەبىلىلىرىنىڭ بېشى بولغان ئەمەسمىدىڭ؟ 18 ئاندىن
پەرۋەردىگار سېنى: ــ سەن بېرىپ گۇناھكار ئامالەكلەرنى
ھالاك قىلغىن؛ ئۇلارنى يوقاتقۇچە ئۇلار بىلەن سوقۇشقىن، دەپ
ئەۋەتكەنىدى. 19 ئەمدى نېمىشقا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق
سالماي، بەلكى ئولجا ئۈستىگە دۈم چۈشۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ
نەزىرىدە يامان بولغاننى قىلدىڭ؟
20 سائۇل سامۇئىلغا: ــ مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سالدىمغۇ! پەرۋەردىگار مېنى ئەۋەتكەن يول بىلەن ماڭدىم ۋە
ئامالەكلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگنى ئېلىپ كېلىپ ئامالەكلەرنىڭ
ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم. 21 ئەمما خەلق بولسا ئولجىدىن قوي بىلەن
كالا، يەنى يوقىتىشقا بېكىتىلگەن نەرسىلەردىن ئەڭ ئېسىلىنى
ئېلىپ خۇدايىڭ پەرۋەردىگارغا گىلگالدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن
ئېلىپ كەلدى، دېدى.
22 سامۇئىل: ــ پەرۋەردىگار كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بىلەن تەشەككۈر
قۇربانلىقلىرىنى كەلتۈرۈشتىن سۆيۈنەمدۇ، يا پەرۋەردىگارنىڭ

**سۆزىگە ئىتائەت قىلىشتىن سۆيۈنەمدۇ؟ مانا ئىتائەت قىلماقلىق
قۇربانلىق قىلماقلىقتىن ئەۋزەل، كۆڭۈل قويۇش قوچقار يېغىنى
سۇنۇشتىن ئەۋزەلدۇر.
23 چۈنكى ئاسىيلىق بولسا جادۇگەرلىك گۇناھى بىلەن ئوخشاشتۇر،
باشباشتاقلىق قەبىھلىك ۋە بۇتپەرەسلىككە باراۋەردۇر.
سەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى تاشلىغىنىڭ ئۈچۈن،
پەرۋەردىگار سېنى تاشلاپ پادىشاھلىقتىن مەھرۇم قىلدى، ــ دېدى.
24 سائۇل سامۇئىلغا: ــ مەن گۇناھ سادىر قىلدىم، چۈنكى مەن
پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىدىن ۋە سېنىڭ سۆزۈڭدىنمۇ چىقتىم؛ چۈنكى
مەن خەلقتىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىردىم. 25 ئەمدى گۇناھىمنى
ئەپۇ قىلغىن؛ مېنىڭ پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىشىم ئۈچۈن مېنىڭ
بىلەن قايتىپ بارغىن، دېدى.
26 سامۇئىل سائۇلغا: ــ مەن سېنىڭ بىلەن قايتىپ بارمايمەن؛ چۈنكى
سەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى تاشلىغانسەن، ۋە پەرۋەردىگار سېنى
تاشلاپ پادىشاھلىقتىن مەھرۇم قىلدى، دېدى.
27 سامۇئىل كېتىشكە بۇرۇلغىنىدا سائۇل ئۇنىڭ تونىنىڭ پېشىنى
تۇتۇۋالدى، ئۇ يىرتىلىپ كەتتى. 28 سامۇئىل ئۇنىڭغا: ــ پەرۋەردىگار
بۈگۈن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقىنى سەندىن يىرتىپ ئېلىپ سەندىن
ئەۋزەل بولغان بىر يېقىنىڭغا تاپشۇردى. 29 ئىسرائىلنىڭ جانابىي
ئالىيسى بولغۇچى يالغان سۆزلىمەيدۇ ياكى نىيىتىدىن يانمايدۇ؛
چۈنكى ئۇ ئادەم بالىسىدەك نىيىتىدىن يانغۇچى ئەمەستۇر، دېدى.
30 سائۇل: ــ مەن گۇناھ سادىر قىلدىم. لېكىن خەلقىمنىڭ
ئاقساقاللىرىنىڭ ۋە ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا ماڭا ئىززەت قىلىپ
مېنىڭ بىلەن يېنىپ بارغىن؛ شۇنىڭ بىلەن خۇدايىڭ پەرۋەردىگارغا
سەجدە قىلالايمەن، دېدى.**

---

**22:15** توپ. 17:4؛ ھوش. 6:6؛ مات. 13:9؛ 7:12

**29:15 «ئىسرائىلنىڭ جانابىي ئالىيسى بولغۇچى»** ــ خۇدانى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**29:15** چۆل. 19:23؛ ياق. 17:1

31 شۇنىڭ بىلەن سامۇئىل سائۇل بىلەن يېنىپ باردى ۋە سائۇل پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى.
32 ئاندىن سامۇئىل: ــ ئامالەكلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى. ئاگاگ بولسا خۇشلۇق بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئاگاگ كۆڭلىدە: ــ شۈبھىسىزكى، ئۆلۈم دەھشىتى ئۆتۈپ كەتتى، دېدى.
33 ئەمما سامۇئىل: ــ سېنىڭ قىلىچىڭ خوتۇنلارنى بالىسىز قىلغاندەك سېنىڭ ئاناڭمۇ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا بالىسىز بولىدۇ، دېۋىدى، سامۇئىل ئاگاگنى گىلگالدا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا چاناپ پارە-پارە قىلدى.
34 ئاندىن سامۇئىل راماھقا باردى. سائۇل بولسا «سائۇلنىڭ يۇرتى گىبېئاھ» دېگەن جايدىكى ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. 35 سامۇئىل ئۆلگەن كۈنىگىچە سائۇل بىلەن قايتا كۆرۈشمىدى. ئەمما سامۇئىل سائۇل ئۈچۈن قايغۇردى. پەرۋەردىگار سائۇلنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ قىلغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى.

## سامۇئىل داۋۇتنىڭ پادىشاھ بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى مەسىھ قىلىدۇ

16 1 پەرۋەردىگار سامۇئىلغا: ــ سەن قاچانغىچە سائۇل ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرىسەن؟ مەن ئۇنى ئىسرائىلغا سەلتەنەت قىلىشتىن مەھرۇم قىلىپ تاشلىغان ئەمەسمۇ؟ مۈڭگۈزۈڭنى زەيتۇن مېيى بىلەن تولدۇرۇپ بارغىن. مەن سېنى بەيت-لەھەملىك يەسسەنىڭ قېشىغا ئەۋەتىمەن. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن پادىشاھ بولۇشقا ئۆزۈمگە بىرنى بېكىتتىم، دېدى.

---

32:15 «... ئاگاگ بولسا خۇشلۇق بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئاگاگ كۆڭلىدە: ــ شۈبھىسىزكى، ئۆلۈم دەھشىتى ئۆتۈپ كەتتى، دېدى» ــ بۇ ئايەتنى ئىبرانىي تىلىدا چۈشىنىش تەس. باشقا بىر تەرجىمىسى: «... ئاگاگ بولسا تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئاگاگ: ــ دەرۋەقە ئۆلۈمنىڭ ئاچچىقى قورقۇنچلۇقتۇر! ــ دېدى».

2 سامۇئىل بولسا: ــ مەن قانداق بارىمەن؟ سائۇل بۇ ئىشنى ئاڭلىسا
مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ! ــ دېدى. پەرۋەردىگار: ــ ئۆزۈڭ بىلەن بىر
ئىنەكنى ئالغاچ بېرىپ پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن
كەلدىم، دېگىن. 3 يەسسەنى قۇربانلىققا چاقىرغىن، ئاندىن مەن ساڭا
قىلىدىغىنىڭنى ئايان قىلىمەن؛ ۋە مەن ساڭا دېگەن بىرسىنى ئۆزۈم
ئۈچۈن مەسىھ قىلغىن، دېدى.
4 سامۇئىل پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىنى ئادا قىلىپ بەيت-لەھەمگە
باردى. يېتىپ كەلگەندە شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى تىترىگەن ھالدا
چىقىپ: ــ بىزگە تىنچ-ئامانلىق ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
5 ئۇ: ــ تىنچ-ئامانلىق ئېلىپ كەلدىم؛ پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق
سۇنۇشقا كەلدىم. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھارامدىن پاكلاپ مەن بىلەن
بىللە قۇربانلىققا كېلىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەسسە بىلەن
ئوغۇللىرىنى ھالال قىلىپ قۇربانلىققا چاقىردى. 6 ئۇلار كەلگەندە
سامۇئىل ئېلىئابنى كۆرۈپ ئىچىدە: ــ پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھ
قىلىدىغىنى شۈبھىسىزكى ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دېدى.
7 لېكىن پەرۋەردىگار سامۇئىلغا: ــ ئۇنىڭ تەقى-تۇرقىغا ياكى بويىغا
قارىمىغىن. مەن ئۇنى شاللىۋەتتىم، چۈنكى خۇدا ئىنسان كۆرگەندەك
كۆرمەيدۇ؛ ئىنسان بولسا سىرتقى قىياپىتىگە قارايدۇ، لېكىن
پەرۋەردىگار قەلبگە قارايدۇ، دېدى.
8 ئاندىن يەسسە ئابىنادابنى چاقىرىپ سامۇئىلنىڭ ئالدىدىن
ئۆتكۈزدى. ئەمما سامۇئىل: ــ پەرۋەردىگار بۇنى ھەم تاللىمىدى، دېدى.
9 ئاندىن يەسسە شامماھنى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما
سامۇئىل: ــ پەرۋەردىگار بۇنى ھەم تاللىمىدى، دېدى.
10 شۇنىڭغا ئوخشاش يەسسە ئوغۇللىرىنىڭ يەتتىسىنى سامۇئىلنىڭ
ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن سامۇئىل يەسسەگە: ــ پەرۋەردىگار بۇلارنى
ھەم تاللىمىدى، دېدى.
11 سامۇئىل يەسسەدىن: ــ بارلىق يىگىتلەر مۇشۇلارمۇ؟ دەپ سورىدى.

---

**7:16** 1تار. 9:28؛ زەب. 9:7؛ 147:10-11؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20

ئۇ: ــ ھەممىدىن كىچىكى قالدى. لېكىن مانا، ئۇ قوي بېقىۋاتىدۇ،
دېدى. سامۇئىل يەسسەگە: ــ ئۇنى چاقىرتىپ ئېلىپ كەلگىن، چۈنكى
ئۇ كەلمىگۈچە داستىخاندا ئولتۇرمايمىز، دېدى.
12 يەسسە ئادەم ماڭدۇرۇپ ئۇنى كەلتۈردى. ئۇ چىرايىدا قان
يۈگۈرۈپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى چىرايلىق ۋە كېلىشكەن يىگىت
ئىدى. پەرۋەردىگار: ــ قوپۇپ ئۇنى مەسىھ قىلغىن، چۈنكى مېنىڭ
تاللىغىنىم شۇدۇر! دېدى. 13 سامۇئىل ماي مۈڭگۈزىنى ئېلىپ ئۇنى
قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىدا مەسىھ قىلدى. ئۇ كۈندىن تارتىپ
پەرۋەردىگارنىڭ روھى داۋۇتنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشتى. سامۇئىل بولسا
قوپۇپ راماھقا كەتتى.

## داۋۇت سائۇلنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ

14 ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ روھى سائۇلدىن كەتكەنىدى، ۋە پەرۋەردىگار
تەرىپىدىن بىر يامان روھ ئۇنى پەرىشان قىلدى. 15 سائۇلنىڭ
خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا: ــ مانا خۇدا تەرىپىدىن بىر يامان روھ
سېنى پەرىشان قىلىدۇ. 16 ئەمدى غوجىمىز ئۆزلىرى ئالدىلىرىدىكى
خىزمەتكارلىرىنى دەرھال بۇيرۇغايلىكى، ئۇلار چىلتار چېلىشقا
ئۇستا ئادەمنى تاپسۇن؛ ۋە شۇنداق بولىدۇكى، خۇدا تەرىپىدىن يامان
روھ ئۇستىلىرىگە كەلسە ئۇ چىلتار چالسۇن، ئۇنىڭ بىلەن ھاللىرى
ئوبدان بولىدۇ، دېدى.
17 سائۇل خىزمەتكارلىرىغا: ــ مېنىڭ ئۈچۈن چىلتار چېلىشقا ئۇستا
بىر ئادەمنى تېپىپ قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى.
18 غۇلاملاردىن بىرى ئۇنىڭغا: ــ مانا بەيت-لەھەملىك يەسسەنىڭ
چىلتارغا ئۇستا بىر ئوغلىنى كۆردۈم. ئۇ ئۆزى باتۇر بىر جەڭچى، گەپتە
ھوشيار ۋە كېلىشكەن ئادەم ئىكەن، شۇنداقلا پەرۋەردىگار ئۇنىڭ
بىلەن بىللە ئىكەن، دېدى.

---

**11:16** 2سام. 8:7؛ زەب. 78:70-71

**13:16** زەب. 89:20-21؛ روس. 7:46؛ 22:13

[19] شۇنىڭ بىلەن سائۇل يەسسەگە ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇپ: ــ قوي
باقىدىغان ئوغلۇڭ داۋۇتنى ماڭا ئەۋەتكىن، دەپ ئېيتتى.
[20] يەسسە بىر ئېشەكنى تەييارلاپ ئۇنىڭغا نان بىلەن بىر تۇلۇم شاراب
ۋە بىر ئوغلاقنى ئارتىپ، بۇلارنى ئوغلى داۋۇتنىڭ قولى بىلەن سائۇلغا
ئەۋەتتى. [21] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت سائۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ
ئالدىدا تۇردى. سائۇل ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىدى؛ ئۇ سائۇلنىڭ
ياراغ كۆتۈرگۈچىسى بولدى. [22] ئاندىن سائۇل يەسسەگە خەۋەر ئەۋەتىپ:
ــ داۋۇت مېنىڭ ئالدىمدا تۇرسۇن؛ چۈنكى ئۇ نەزىرىمگە ياقتى، دەپ
ئېيتتى.
[23] ئەمدى شۇنداق بولدۇكى، ئۇ يامان روھ خۇدا تەرىپىدىن سائۇلنىڭ
ئۈستىگە كەلگەندە داۋۇت چىلتارنى ئېلىپ قولى بىلەن چالدى. بۇنىڭ
بىلەن سائۇل ئارام تېپىپ هالى ئوبدان بولۇپ يامان روھ ئۇنىڭدىن
چىقىپ كەتتى.

## داۋۇت بىلەن گولىئات

17 [1] ئەمما فىلىستىيلەر جەڭ قىلىش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى
يىغدى. ئۇلار يەھۇداغا تەۋە سوكوھدا جەم بولۇپ، سوكوھ
بىلەن ئازىكاھ ئوتتۇرىسىدىكى ئەفەس-داممىمدا چېدىرلارنى
تىكتى. [2] سائۇل بىلەن ئىسرائىللارمۇ جەم بولۇپ ئېلاھ جىلغىسىدا
چېدىرلىرىنى تىكىپ فىلىستىيلەر بىلەن جەڭ قىلغىلى سەپ
تۈزدى. [3] فىلىستىيلەر بىر تەرەپتىكى تاغدا، ئىسرائىللار يەنە بىر
تەرەپتىكى تاغدا تۇراتتى؛ ئوتتۇرىسىدا جىلغا بار ئىدى.
[4] شۇ ۋاقىتتا فىلىستىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىدىن گاتلىق گولىئات
ئىسىملىك بىر چېمپىيون پالۋان چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى
ئالتە گەز بىر غېرىچ ئىدى. [5] بېشىغا مىس دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا

---

2:17 **«ئېلاھ جىلغىسىدا»** ــ ياكى «دۇبلار جىلغىسىدا».
4:17 **«ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە گەز بىر غېرىچ ئىدى»** ــ تەۋراتتىكى «گەز» بىر جەينەككە

قاسىراقلىق ساۋۇت كىيگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ مىس ساۋۇتى بولسا
بەش مىڭ شەكەل كېلەتتى. [6] پاچاقلىرىغا مىستىن تىزلىق
باغلىغان، ئۈشنىسىگە مىس ئاتما نەيزە قىستۇرۇۋالغانىدى. [7] ئۇنىڭ
نەيزىسىنىڭ سېپى بولسا باپكارنىڭ خادىسىدەك ئىدى؛ نەيزىسىنىڭ
بېشى ئالتە يۈز شەكەل كېلەتتى؛ قالقان كۆتۈرگۈچىسى ئۇنىڭ ئالدىدا
ماڭاتتى.
[8] ئۇ ئورنىدا تۇرۇپ ئىسرائىلنىڭ قوشۇنلىرىغا مۇنداق توۋلايتتى:
— «سىلەر نېمىشقا جەڭ قىلىش ئۈچۈن سەپ تۈزگەنسىلەر؟ مەن
فىلىستىي ئەمەسمۇ؟ سىلەر بولساڭلار سائۇلنىڭ قۇللىرىغۇ؟
ئاراڭلاردىن بىر ئادەمنى تاللاپ چىقىڭلار، ئۇ مەن بىلەن ئېلىشىشقا
چۈشسۇن! [9] ئۇ مەن بىلەن ئېلىشىپ مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرەلىسە، بىز
سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار بولىمىز. لېكىن مەن ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ
ئۆلتۈرسەم، سىلەر بىزنىڭ قۇللىرىمىز بولۇپ بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە
بولۇسىلەر». [10] شۇ فىلىستىي يەنە سۆز قىلىپ: — مەن بۈگۈن
ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىغا ھاقارەت قىلدىمغۇ؟ سىلەر بىر ئادەمنى
چىقىرىڭلار، بىز ئېلىشايلى! — دېدى.
[11] سائۇل بىلەن ھەممە ئىسرائىل بۇ فىلىستىينىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلاپ، ئالاقزادە بولۇپ بەك قورقتى.
[12] داۋۇت يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيت-لەھەمدە ئولتۇرۇقلۇق يەسسە
دېگەن ئەفراتلىق ئادەمنىڭ ئوغلى ئىدى. يەسسەنىڭ سەككىز
ئوغلى بار ئىدى. سائۇلنىڭ كۈنلىرىدە ئۇ خېلى ياشىنىپ قالغانىدى.
[13] يەسسەنىڭ ئۈچ چوڭ ئوغلى سائۇل بىلەن جەڭگە چىققانىدى.
جەڭگە چىققان ئۈچ ئوغۇلنىڭ تۇنجىسىنىڭ ئىسمى ئېلىئاب،
ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئابىناداب ۋە ئۈچىنچىسىنىڭ شامماھ
ئىدى. [14] داۋۇت ھەممىدىن كىچىكى ئىدى. ئۈچ چوڭ ئوغلى سائۇلغا

باراۋەر بولۇپ، يەنى 45 سانتىمېتر ئىدى. دېمەك گولىئاتنىڭ ئېگىزلىكى 2.8 مېتر ئىدى.

5:17 **«ئۇنىڭ بۇ مىس ساۋۇتى بولسا بەش مىڭ شەكەل كېلەتتى»** — «بەش مىڭ شەكەل» بەلكىم 60-100 كىلوگرام بولۇشى مۇمكىن.

ئەگىشىپ چىققانىدى. [15] بەزىدە داۋۇت سائۇلنىڭ قېشىدىن ئۆز
ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى بېقىش ئۈچۈن قايتىپ كېلەتتى.
[16] ئاشۇ فىلىستىي بولسا قىرىق كۈنگىچىلىك ھەر ئەتىگەن ۋە كەچتە
چىقىپ تۇردى.
[17] يەسسە ئوغلى داۋۇتقا: ــ بۇ ئەفاھ قوماچنى ۋە بۇ ئون ناننى ئېلىپ
لەشكەرگاھقا تېز بېرىپ ئاكىلىرىڭغا بەرگىن، [18] بۇ ئون پارچە
قۇرۇتنى ئۇلارنىڭ مىڭبېشىغا بېرىپ ئاكىلىرىڭنىڭ ئەھۋالىنى
سوراپ ئۇلارنىڭ كېپىل خېتىنى ئېلىپ كەلگىن، دېدى.
[19] سائۇل، شۇ ئۈچ ئوغۇل ۋە ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى ئېلاھ
جىلغىسىدا تۇرۇپ فىلىستىيلەرگە قارشى جەڭ قىلاتتى.
[20] داۋۇت بولسا ئەتىسى سەھەر قوپۇپ قويلارنى بىر باققۇچىنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ، ئاشلىق-تۈلۈكنى ئېلىپ يەسسە ئۇنىڭغا تاپىلىغاندەك،
قوشۇن ئىستىھكامىغا يەتكەندە، جەڭگە چىقىدىغان لەشكەرلەر
سۈرەن كۆتۈرۈۋاتقانىدى. [21] ئىسرائىل ۋە فىلىستىيلەر بىر-بىرىگە
ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇپ سوقۇشقا سەپ تۈزدى. [22] داۋۇت بولسا ئېلىپ
كەلگەن نەرسىلەرنى يۈك-تاقلارغا قارىغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ
سەپ ئارىسىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاكىلىرىدىن تىنچلىق سورىدى. [23] ئۇ
ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا، فىلىستىيلەردىن بولغان گولىئات
دېگەن چېمپىئون پالۋان فىلىستىيلەرنىڭ سېپىدىن چىقىپ يەنە
ھېلىقى گەپنى قىلدى؛ داۋۇت ئۇنى ئاڭلىدى. [24] ئىسرائىلنىڭ ھەممە
ئادەملىرى بۇ ئادەمنى كۆرگەندە قېچىپ كېتىشتى ۋە بەك قورقتى.
[25] ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى بىر-بىرىگە: ــ چىقىۋاتقان بۇ ئادەمنى
كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇ ئىسرائىلغا ھاقارەت قىلىش ئۈچۈن چىقىدۇ. شۇنداق

---

**15:17** 1سام. 19:16

**17:17** **«بۇ ئەفاھ قوماچ»** ــ بىر «ئەفاھ» 27-30 لىتر بولۇشى مۇمكىن.

**18:17** **«ئاكىلىرىڭنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ئۇلارنىڭ كېپىل خېتىنى ئېلىپ كەلگىن»** ــ مۇشۇ «كېپىل خېتى» بەلكىم ئۇلار داۋۇت ئاپارغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇشى مۇمكىن.

**20:17** 1سام. 5:26

بولىدۇكى، ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەمگە پادىشاھ كۆپ مال-مۈلۈك ئىنئام قىلىدۇ، ئۆز قىزىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىدۇ ھەم ئاتىسىنىڭ جەمەتىنى ئىسرائىل تەۋەسىدە باج-ئالۋاندىن خالاس قىلىدۇ، دېدى.
26 داۋۇت ئۆز يېنىدا تۇرغان ئادەملەردىن: ــ بۇ فىلىستىيىنى ئۆلتۈرۈپ ئىسرائىلغا قىلىنغان شۇ ھاقارەتنى يوقاتقان كىشىگە نېمە قىلىنىدۇ؟ چۈنكى بۇ خەتنىسىز فىلىستىي زادى كىم؟ ئۇ قانداقسىگە مەڭگۈ ھايات بولغۇچى خۇدانىڭ قوشۇنلىرىغا ھاقارەت قىلىشقا پېتىنىدۇ؟ ــ دېدى.
27 خالايىق ئۇنىڭغا ئالدىنقىلارنىڭ دېگەن سۆزى بويىچە جاۋاب بېرىپ: ــ ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە مۇنداق-مۇنداق قىلىنىدۇ، دېدى.
28 لېكىن ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسى ئېلىئاب ئۇنىڭ ئۇ ئادەملەر بىلەن سۆزلەشكىنىنى ئاڭلاپ قالدى؛ ئېلىئابنىڭ داۋۇتقا ئاچچىقى كېلىپ: ــ نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ چۆلدىكى ئۇ ئازغىنە قوينى كىمگە تاشلاپ قويدۇڭ؟ مەن كىبىرلىكىڭنى ۋە كۆڭلۈڭنىڭ يامانلىقىنى بىلىمەن. سەن ئالايىتەن جەڭنى كۆرگىلى كەلدىڭ، دېدى.
29 داۋۇت: ــ مەن نېمە قىلدىم؟ پەقەت بىر سۆز قىلسام بولمامدىكەن؟ ــ دېدى.
30 داۋۇت بۇرۇلۇپ باشقىسىدىن ئالدىنقىدەك سورىدى، خەلق ئالدىدا ئېيتقاندەك ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى.
31 ئەمما بىرسى داۋۇتنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ سائۇلغا يەتكۈزدى؛ ئۇ داۋۇتنى چاقىرتىپ كەلدى. 32 داۋۇت سائۇلغا: ــ بۇ كىشىنىڭ سەۋەبىدىن ھېچكىمنىڭ يۈرىكى سۇ بولمىسۇن. سىلىنىڭ قۇللىرى بۇ فىلىستىي بىلەن سوقۇشقىلى چىقىدۇ، دېدى.
33 سائۇل داۋۇتقا: ــ سەن بۇ فىلىستىي بىلەن سوقۇشقىلى بارساڭ بولمايدۇ! سەن تېخى ياش، ئەمما ئۇ ياشلىقىدىن تارتىپلا جەڭچى ئىدى، دېدى.
34 داۋۇت سائۇلغا: ــ قۇللىرى ئۆز ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ كەلدىم. بىر شىر ياكى ئېيىق كېلىپ پادىدىن بىر قوزىنى ئېلىپ

كەتسە، 35 مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئۇنى ئۇرۇپ قوزىنى ئاغزىدىن
قۇتقۇزۇپ ئالاتتىم. ئەگەر قوپۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلسا مەن ئۇنى
يايلىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتىم. 36 قۇللىرى ھەم شىر ھەم
ئېيىقنى ئۆلتۈرگەن؛ بۇ خەتنىسىز فىلىستىيمۇ ئۇلارغا ئوخشاش
بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مەڭگۈ ھايات بولغۇچى خۇدانىڭ قوشۇنىغا ھاقارەت
كەلتۈردى ــ دېدى. 37 داۋۇت سۆزىنى داۋام قىلىپ: ــ مېنى شىرنىڭ
چاڭگىلىدىن ۋە ئېيىقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغان پەرۋەردىگار
ئوخشاشلا بۇ فىلىستىينىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ، دېدى. سائۇل
داۋۇتقا: ــ بارغىن، پەرۋەردىگار سېنىڭ بىلەن بىللە بولغاي، دېدى.
38 ئاندىن سائۇل داۋۇتقا ئۆز جەڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ،
بېشىغا مىس دۇبۇلغىنى تاقاپ ۋە ئۇنىڭغا بىر جەڭ ساۋۇتىنى
كىيگۈزدى. 39 داۋۇت بولسا سائۇلنىڭ قىلىچىنى كىيىمىنىڭ
ئۈستىگە ئېسىپ، مېڭىپ باقتى؛ چۈنكى ئۇ بۇلارنى كىيىپ
باقمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت سائۇلغا: ــ مەن بۇلارنى كىيىپ
ماڭالمايدىكەنمەن؛ چۈنكى بۇرۇن كىيىپ باقمىغان، دەپ ئۇلارنى
سېلىۋەتتى. 40 ئۇ قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ، ئېرىقتىن بەش سىلىق
تاش ئىلغاپ پادىچى خالتىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى؛ ئۇ سالغۇسىنى
قولىغا ئېلىپ فىلىستىيگە يېقىن باردى. 41 فىلىستىي بولسا چىقىپ
داۋۇتقا يېقىنلاشتى، قالقان كۆتۈرگۈچىسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭدى.
42 فىلىستىي داۋۇتقا بىرقۇر سەپسېلىپ قاراپ مەسخىرە قىلدى.
چۈنكى ئۇ تېخى ياش، بۇغداي ئۆڭلۈك ۋە كېلىشكەن يىگىت ئىدى. 43
فىلىستىي داۋۇتقا: ــ سەن ھاسا كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كەپسەن؟ سەن
مېنى ئىت دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ــ دەپ ئۆز بۇتلىرىنىڭ ناملىرىنى
تىلغا ئېلىپ داۋۇتنى قارغىدى. 44 فىلىستىي داۋۇتقا يەنە: ــ بۇ ياققا
كەل، مەن گۆشۈڭنى ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا ۋە دالالاردىكى
يىرتقۇچلارغا يەم قىلىمەن، دېدى.
45 داۋۇت فىلىستىيگە: ــ سەن قىلىچ، نەيزە ۋە ئاتما نەيزىنى كۆتۈرۈپ
ماڭا ھۇجۇم قىلغىلى كەلدىڭ؛ لېكىن مەن سەن ھاقارەت قىلغان،

ئىسرائىلنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ نامى
بىلەن ئالدىڭغا ھۇجۇمغا چىقتىم ــ دېدى.
46 «دەل بۈگۈن پەرۋەردىگار سېنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرىدۇ. مەن
سېنى ئۆلتۈرۈپ بېشىڭنى كېسىپ ئالىمەن؛ مەن لەشكەرگاھدىكى
فىلىستىيلەرنىڭ جەسەتلىرىنىمۇ ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا
ۋە دالالاردىكى يىرتقۇچلىرىغا يەم قىلىمەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل
جاھان ئىسرائىلدا بىر خۇدانىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ 47 ۋە بۇ
پۈتكۈل جامائەت پەرۋەردىگارنىڭ نۇسرەت بېرىشىنىڭ قىلىچ،
نەيزە بىلەن ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ؛ چۈنكى بۇ جەڭ بولسا
پەرۋەردىگارنىڭكىدۇر، ئۇ سېنى قولىمىزغا تاپشۇرىدۇ».
48 فىلىستىي داۋۇتقا ھۇجۇم قىلغىلى قوپۇپ يېقىن كەلگەندە داۋۇت
ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغىلى فىلىستىي قوشۇنىنىڭ سېپىگە قاراپ
يۈگۈردى. 49 داۋۇت قولىنى خالتىسىغا تىقىپ بىر تاشنى چىقىرىپ
سالغۇغا سېلىپ فىلىستىيگە قارىتىپ ئاتتى؛ تاش فىلىستىينىڭ
پېشانىسىگە تەگدى. تاش ئۇنىڭ پېشانىسىگە پېتىپ كەتتى، ئۇ دۈم
چۈشۈپ يەرگە يىقىلدى.
50 شۇنداق قىلىپ داۋۇت فىلىستىينى سالغۇ ۋە تاش بىلەن مەغلۇپ
قىلىپ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى؛ داۋۇتنىڭ قولىدا ھېچ قىلىچ يوق
ئىدى. 51 داۋۇت يۈگۈرۈپ بېرىپ، فىلىستىينىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ،
قىلىچىنى قىنىدىن تارتىپ ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى
ئالدى. فىلىستىيلەر ئۆز باتۇرىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپلا، بەدەر
قاچتى. 52 ئىسرائىللار بىلەن يەھۇدالار بولسا ئورنىدىن قوپۇپ سۈرەن
سېلىشىپ فىلىستىيلەرنى جىلغىغىچە ۋە ئەكرون دەرۋازىلىرىغىچە
كەينىدىن قوغلاپ كەلدى؛ ئۆلتۈرۈلگەن فىلىستىيلەر شائارائىمغا
بارىدىغان يولدا گات ۋە ئەكرونغىچە يېتىپ كەتكەنىدى. 53 ئىسرائىل
فىلىستىيلەرنى قوغلاشتىن يېنىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ لەشكەرگاھىنى
بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. 54 داۋۇت فىلىستىينىڭ بېشىنى يېرۇسالېمغا
ئېلىپ باردى؛ ئۇنىڭ يارىغىنى بولسا ئۆز چېدىرىغا قويدى.

55 سائۇل داۋۇتنىڭ فىلىستىيىنىڭ ئالدىغا چىققىنىنى كۆرگەندە قوشۇنىنىڭ سەردارى ئابنەردىن: ــ ئى ئابنەر، بۇ يىگىت كىمنىڭ ئوغلى؟ ــ دەپ سورىدى. ئابنەر: ــ ئى پادىشاھ، ھاياتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىلمەيمەن، دېدى.
56 پادىشاھ: ــ بۇ يىگىت كىمنىڭ ئوغلى ئىكەن دەپ سوراپ باققىن، دېدى.
57 داۋۇت فىلىستىيىنى قىرىپ قايتىپ كەلگەندە ئابنەر ئۇنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى؛ فىلىستىيىنىڭ بېشى تېخىچە ئۇنىڭ قولىدا تۇراتتى.
58 سائۇل ئۇنىڭدىن: ــ ئى يىگىت، كىمنىڭ ئوغلىسەن؟ دەپ سورىدى. داۋۇت: ــ مەن سىلىنىڭ قۇللىرى بەيت-لەھەملىك يەسسەنىڭ ئوغلىمەن، دەپ جاۋاب بەردى.

## سائۇلنىڭ داۋۇتتىن ھەسەت قىلىشى

18 [1] داۋۇت بىلەن سائۇلنىڭ سۆھبىتى ئاياغلاشقاندا، يوناتاننىڭ كۆڭلى داۋۇتنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق باغلاندىكى، ئۇنى ئۆز جېنىدەك سۆيدى. [2] سائۇل بولسا ئۇ كۈنى ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قايتقىلى قويمىدى.
[3] يوناتان داۋۇت بىلەن ئەھدە قىلىشتى؛ چۈنكى ئۇ ئۇنى ئۆز جېنىدەك سۆيەتتى. [4] يوناتان ئۇچىسىدىكى تونىنى سېلىپ داۋۇتقا بەردى، يەنە جەڭ كىيىملىرىنى، جۈملىدىن ھەتتا قىلىچى، ئوقياسى ۋە كەمىرىنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى. [5] سائۇل داۋۇتنى نەگىلا ئەۋەتسە ئۇ شۇ يەرگە باراتتى، شۇنداقلا ئىشلارنى جايىدا قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سائۇل ئۇنى لەشكەرلەرنىڭ ئۈستىگە قويدى. بۇ ئىش بارلىق خەلققە ۋە ھەم سائۇلنىڭ خىزمەتكارلىرىغىمۇ ياقتى.
[6] داۋۇت فىلىستىيىنى ئۆلتۈرۈپ كۆپچىلىك بىلەن يانغاندا ئىسرائىلنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدىكى قىز-ئاياللار سائۇلنى ناخشا

ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ قارشى ئالغىلى چىقتى؛ ئۇلار خۇشلۇق
ئىچىدە داپ ۋە ئۈچتار بىلەن نەغمە چېلىشتى. 7 قىز-ئاياللار نەغمە
چالغاندا: ــ سائۇل مىڭلاپ ئۆلتۈردى، ۋە داۋۇت ئون مىڭلاپ ئۆلتۈردى،
دەپ ئوقۇشاتتى.
8 بۇنى ئاڭلاپ سائۇل ناھايىتى خاپا بولدى؛ بۇ سۆز ئۇنىڭ كۆڭلىگە
تەگدى. ئۇ: ــ داۋۇتقا ئون مىڭلاپ ھېسابلاندى، ئەمما ماڭا پەقەت
مىڭلاپ ھېسابلاندى؛ ئەمدى پادىشاھلىقتىن باشقا ئۇنىڭغا
ھېچنەرسە كەم ئەمەس، دېدى. 9 شۇ كۈندىن تارتىپ سائۇل داۋۇتنى
كۆزلەپ يۈردى.
10 ئەتىسى خۇدا تەرىپىدىن قاباھەتلىك بىر روھ سائۇلنىڭ ئۈستىگە
چۈشتى ۋە ئۇ ئۆيدە قالايمىقان جۆيلىگىلى تۇردى. ئەمدى داۋۇت
باشقا ۋاقىتتىكىدەك قولى بىلەن چىلتار چالدى؛ سائۇلنىڭ قولىدا
نەيزە بار ئىدى. 11 سائۇل: ــ داۋۇتنى تامغا نەيزە بىلەن قادىۋېتىمەن
دەپ، نەيزىنى ئاتتى؛ لېكىن داۋۇت ئىككى قېتىم ئۆزىنى دالدىغا
ئالدى.
12 پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇت بىلەنلا بولۇپ، ئۆزىدىن يىراقلاپ كەتكىنى
ئۈچۈن سائۇل داۋۇتتىن قورقاتتى. 13 شۇنىڭ ئۈچۈن سائۇل داۋۇتنى
ئۆز يېنىدىن ئايرىپ، ئۇنى لەشكەرلەرگە مىڭبېشى قىلىپ قويدى؛ ئۇ
لەشكەرلەرنى ئېلىپ جەڭگە چىقىپ تۇراتتى.
14 داۋۇت بولسا ھەممە ئىشلارنى پەم بىلەن قىلاتتى؛ چۈنكى پەرۋەردىگار
ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. 15 سائۇل ئۇنىڭ پەملىك ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى.

---

**7:18** مىس. 21:15؛ 1سام. 11:21؛ 5:29

**10:18 «ئەتىسى خۇدا تەرىپىدىن قاباھەتلىك بىر روھ سائۇلنىڭ ئۈستىگە چۈشتى ۋە ئۇ ئۆيدە قالايمىقان جۆيلىگىلى تۇردى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا مۇشۇ ئايەتتىكى «جۆيلۈش» «ئۇرغۇپ چىقىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. باشقا ئەھۋالدا بۇ سۆز «بېشارەت بېرىش»نى كۆرسىتىدۇ.

**13:18 «ئۇ لەشكەرلەرنى ئېلىپ جەڭگە چىقىپ تۇراتتى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ لەشكەرلەر (خەلق) ئالدىدا چىقىپ كىرەتتى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

16 ئەمما پۈتكۈل ئىسرائىل بىلەن يەھۇدا خەلقى داۋۇتنى سۆيەتتى؛
چۈنكى ئۇ ئۇلارنى يېتەكلەپ جەڭگە چىقاتتى. 17 سائۇل داۋۇتقا: ــ
مانا، چوڭ قىزىم مېراب ــ مەن ئۇنى ساڭا خوتۇنلۇققا بەرگۈم بار. سەن
پەقەت خىزمىتىمگە جان-پىدا بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ جەڭلىرىدە
كۆرەش قىلغىن، دېدى. چۈنكى سائۇل ئىچىدە: ــ ئۇ مېنىڭ قولۇم
بىلەن ئەمەس، بەلكى فىلىستىيلەرنىڭ قولى بىلەن يوقىتىلسۇن،
دەپ خىيال قىلغانىدى.
18 ئەمما داۋۇت سائۇلغا: ــ مەن كىم ئىدىم، مېنىڭ ئاتامنىڭ جەمەتى
ئىسرائىل ئارىسىدا نېمە ئىدى، مەن قانداقمۇ پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى
بولاي؟ ــ دېدى.
19 لېكىن سائۇلنىڭ قىزى مېراب داۋۇتقا بېرىلىدىغان ۋاقىتتا،
ئۇ مەھولاتلىق ئادرىئەلگە خوتۇنلۇققا بېرىلدى. 20 ئەمما
سائۇلنىڭ قىزى مىقالنىڭ كۆڭلى داۋۇتقا چۈشكەنىدى. باشقىلار
بۇنى سائۇلغا ئېيتتى، بۇ ئىشتىن سائۇل خۇش بولدى. 21 سائۇل:
ــ قىزىمنى داۋۇتقا بېرەي، ئۇ ئۇنىڭغا بىر سىرتماق بولۇپ،
فىلىستىيلەرنىڭ قولىدا يوقىتىلسۇن، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ
بىلەن سائۇل داۋۇتقا: ــ بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم كۈيئوغلۇم
بولىسەن، دېدى.
22 سائۇل ئۆز غۇلاملىرىغا: ــ داۋۇتقا ئاستىرتىن: ــ مانا، پادىشاھ
سەندىن سۆيۈنىدۇ، ۋە ھەممە غۇلاملىرى ساڭا ئامراق. شۇنىڭ ئۈچۈن
پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولغىن، دەپ ئېيتىڭلار، دەپ تاپىلىدى. 23
سائۇلنىڭ غۇلاملىرى بۇ سۆزلەرنى داۋۇتنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى.
لېكىن داۋۇت: ــ نەزىرىڭلاردا پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولۇش كىچىك
ئىشمۇ؟ مەن بولسام بىر كەمبەغەل ۋە ئەتىۋارسىز ئادەممەن ــ دېدى.

---

16:18 **«چۈنكى ئۇ ئۇلارنى يېتەكلەپ جەڭگە چىقاتتى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «چۈنكى ئۇ ئۇلار ئالدىدا چىقىپ كىرەتتى».

21:18 **«بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم كۈيئوغلۇم بولىسەن»** ــ ياكى «بۈگۈن ئىككىدىن بىرىدە (دېمەك، ئىككى قىزىمدىن بىرىدە) كۈيئوغلۇم بولىسەن».

24 سائۇلنىڭ غۇلاملىرى سائۇلغا داۋۇتنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆز ئەينى يەتكۈزدى.
25 سائۇل: ــ سىلەر داۋۇتقا: ــ پادىشاھ ساڭا باشقا تويلۇق ئالغۇزمايدۇ، پەقەت پادىشاھ دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن يۈز فىلىستىيىنىڭ خەتنىلىكىنىلا ئالىدۇ، دەپ ئېيتىڭلار، دېدى (سائۇلنىڭ مەقسىتى بولسا داۋۇتنى فىلىستىيلەرنىڭ قولىدا يوقىتىش ئىدى).
26 غۇلاملار بۇ سۆزلەرنى داۋۇتقا يەتكۈزدى؛ پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولۇش داۋۇتقا يېقىپ قالدى. ئەمدى بېكىتىلگەن مۆھلەت توشمايلا، 27 داۋۇت تۇرۇپ ئۆز ئادەملىرى بىلەن چىقىپ ئىككى يۈز فىلىستىيىنى ئۆلتۈردى. داۋۇت ئۇلارنىڭ خەتنىلىكىنى كېسىپ ئېلىپ پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولۇش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا تاپشۇردى. سائۇل قىزى مىقالنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەردى.
28 سائۇل پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇت بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆز قىزى مىقالنىڭ ئۇنى سۆيىدىغانلىقىنى كۆرۈپ 29 داۋۇتتىن تېخىمۇ قورقتى. شۇنىڭ بىلەن سائۇل ئۆزلۈكسىز داۋۇتقا دۈشمەن بولدى.
30 فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى دائىم سوقۇشقا چىقاتتى؛ ئەمما ھەر قېتىم چىقىسىلا داۋۇتنىڭ ئىشلىرى سائۇلنىڭ ھەممە خىزمەتكارلىرىنىڭكىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولاتتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى خالايىق تەرىپىدىن تولىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولاتتى.

## سائۇل داۋۇتنى ئۆلتۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ

19 1 سائۇل ئۆز ئوغلى يوناتان ۋە ھەممە خىزمەتكارلىرىغا داۋۇتنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. لېكىن سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان داۋۇتقا بەك ئامراق ئىدى. 2 يوناتان داۋۇتقا: ــ ئاتام سائۇل سېنى ئۆلتۈرمەكچى؛ ئەمدى ئەتە ئەتىگەن قاتتىق ئېھتىيات قىلغىن، بىر

27:18 2سام. 14:3

مەخپىي جايىنى تېپىپ ئۆزۈڭنى يوشۇرغىن؛ [3] مەن ئۆزۈم چىقىپ سەن
يوشۇرۇنغان ئېتىزلىقتا بىرىپ ئاتامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاتام بىلەن
سېنىڭ توغراڭدا سۆزلىشىپ باقاي؛ ئەھۋالنى ئېنىق بىلگەندىن
كېيىن ساڭا خەۋەر قىلاي، دېدى.
[4] يوناتان ئاتىسى سائۇلغا داۋۇتنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ: ــ پادىشاھ
ئۆز خىزمەتكارىغا، يەنى داۋۇتقا يامانلىق قىلمىغاي! چۈنكى ئۇ
ساڭا گۇناھ قىلمىغان؛ بەلكى ئۇنىڭ ئەمەللىرى ئۆزۈڭگە كۆپ
ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن: ــ [5] ئۇ ئۆز جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ
قوپۇپ ھېلىقى فىلىستىيىنى ئۆلتۈردى ۋە شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار
پۈتكۈل ئىسرائىل ئۈچۈن چوڭ نۇسرەت بەردى. شۇ چاغدا سەن
ئۆزۈڭ كۆرۈپ خۇش بولغان ئەمەسمۇ؟ ئەمدىلىكتە نېمىشقا داۋۇتنى
سەۋەبسىز ئۆلتۈرۈپ ناھەق قان تۆكۈپ گۇناھكار بولماقچى بولىسەن؟
ــ دېدى.
[6] سائۇل يوناتاننىڭ سۆزىگە كىردى. ئۇ: ــ پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن
قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنمايدۇ، دېدى. [7] ئاندىن
يوناتان داۋۇتنى چاقىرىپ، داۋۇتقا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى
دەپ بەردى. ئاندىن كېيىن يوناتان داۋۇتنى سائۇلنىڭ قېشىغا ئېلىپ
كەلدى ۋە ئۇ ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى.
[8] ئەمما يەنە جەڭ بولدى؛ داۋۇت چىقىپ فىلىستىيلەر بىلەن جەڭ
قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق قىرىپ مەغلۇپ قىلدى؛ ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدىن
بەدەر قېچىستى.
[9] ئەمدى پەرۋەردىگار تەرىپىدىن قاباھەتلىك بىر روھ يەنە سائۇلنى
باستى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە قولىدا نەيزىسىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى؛ داۋۇت
بولسا قولى بىلەن ساز چېلىپ تۇراتتى. [10] سائۇل نەيزە بىلەن داۋۇتنى
سانجىپ تامغا قاداپ قويماقچى بولىۋىدى، لېكىن داۋۇت ئۆزىنى
قاچۇرۇۋالدى، نەيزە تامغا قادىلىپ قالدى. داۋۇت شۇ كېچىسى قېچىپ
قۇتۇلدى.

---

**9:19** 1سام. 14:16؛ 10:18

11 سائۇل بىرنەچچە چاپارمەنلەرنى داۋۇتنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ ئۇنى
پايلاپ تۇرۇپ ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ماڭدۇردى.
ئەمما داۋۇتنىڭ ئايالى مىقال ئۇنىڭغا: ــ ئەگەر بۇ كېچە جېنىڭنى
ئېلىپ قاچمىساڭ، ئەتە ئۆلتۈرۈلىسەن، دېدى. 12 شۇڭا مىقال داۋۇتنى
پەنجىردىن چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قېچىپ قۇتۇلدى.
13 ئاندىن مىقال بىر «تەرافىم» بۇتنى ئېلىپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ،
بېشىغا ئۆچكە يۇڭىدىن قىلىنغان بىر ياستۇقنى قويۇپ، ئەديىال
بىلەن يېپىپ قويدى.
14 سائۇل داۋۇتنى تۇتۇش ئۈچۈن چاپارمەنلەرنى ئەۋەتكەندە مىقال: ــ
ئۇ ئاغرىپ قالدى، دېدى. 15 سائۇل چاپارمەنلەرنى قايتىدىن ئەۋەتىپ:
ــ ئۇنى كارىۋات بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، دەپ
بۇيرۇدى.
16 چاپارمەنلەر كىرگەندە، مانا كارىۋاتتا بۇ بۇت ياتاتتى، بېشىغا
ئۆچكە يۇڭىدىن قىلىنغان ياستۇق قويۇلغانىدى. 17 سائۇل مىقالغا: ــ
نېمىشقا مېنى بۇنداق ئالداپ، دۈشمىنىمنى قاچۇرۇۋېتىسەن؟ ــ دېدى.
مىقال سائۇلغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئۇ: «مېنى قويۇۋەتكىن؛ بولمىسا
سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېدى، دېدى.
18 داۋۇت قېچىپ قۇتۇلۇپ، راماھقا ساموئىلنىڭ قېشىغا بېرىپ،
سائۇلنىڭ ئۇنىڭغا قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى. ئاندىن
ئۇ ساموئىل بىلەن نايوتقا بېرىپ ئولتۇراقلاشتى.
19 بىرسى سائۇلغا: ــ داۋۇت راماھدىكى نايوتتا بار ئىكەن، دەپ خەۋەر
بەردى. 20 سائۇل داۋۇتنى تۇتۇپ كېلىشكە چاپارمەنلەرنى ماڭدۇردى.
ئەمما ئۇلار يېتىپ بارغاندا پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر جامائىتى بېشارەت
بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ساموئىلنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئۇلارغا

---

13:19 **«تەرافىم»** ــ بىرخىل بۇت. مىقالنىڭ يېنىدا بۇنداق بۇتنىڭ بولۇشى تەۋراتقا خىلاپ، ئەلۋەتتە.

17:19 **«ئۇ: «مېنى قويۇۋەتكىن؛ بولمىسا سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېدى»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «ئۇ: «مېنى قويۇۋەتكىن؛ سېنى ئۆلتۈرۈشۈمنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دېدى».

نازارەتچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى؛ شۇنداق بولدىكى، خۇدانىڭ
روھى سائۇلنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ چۈشۈپ، ئۇلارمۇ ھەم
بېشارەت بېرىشكە باشلىدى.
21 بۇ خەۋەر سائۇلغا ئېيتىلدى؛ ئۇ يەنە باشقا چاپارمەنلەرنى ئەۋەتتى،
لېكىن ئۇلارمۇ بېشارەت بېرىشكە چۈشتى. ئاندىن سائۇل ئۈچىنچى
قېتىم يەنە چاپارمەنلەرنى ماڭدۇردى. ئۇلارمۇ ھەم بېشارەت بېرىشكە
چۈشتى. 22 ئاندىن سائۇل ئۆزى راماھقا بېرىپ، سەقۇدىكى چوڭ
قۇدۇققا يېتىپ كەلگەندە، «سامۇئىل بىلەن داۋۇت نەدە؟» ــ دەپ
سورىدى. بىرسى: ــ ئۇلار راماھدىكى نايوتتا بار ئىكەن، دەپ جاۋاب
بەردى.
23 شۇڭا ئۇ راماھدىكى نايوتقا يېتىپ كەلدى؛ خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىغىمۇ چۈشتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ پىيادە مېڭىپ راماھدىكى
نايوتقا بارغۇچە بېشارەت بېرىپ ماڭدى. 24 ئۇ ھەتتا كىيىملىرىنى
سېلىۋېتىپ سامۇئىلنىڭ ئالدىدا بېشارەت بەردى؛ پۈتۈن بىر كېچە ۋە
پۈتۈن بىر كۈندۈز ئۇ يەردە يالىڭاچ ياتتى. بۇنىڭ بىلەن: ــ «سائۇلمۇ
پەيغەمبەرلەردىنمۇ؟» دېيىدىغان گەپ پەيدا بولدى.

## يوناتان داۋۇتنى قوغدىماقچى

20 1 داۋۇت راماھدىكى نايوتتىن قېچىپ يوناتاننىڭ قېشىغا
بېرىپ ئۇنىڭغا: ــ مەن نېمە قىلىپتىمەن؟ نېمە قەبىھلىك
قىلىپتىمەن؟ ئاتاڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلىپتىمەن، ئۇ مېنىڭ
جېنىمنى ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ؟ ــ دېدى.
2 ئۇ ئۇنىڭغا: ــ يوقسۇ، بۇنداق ئىش نېرى بولسۇن! سەن ئۆلمەيسەن.
چوڭ ئىش بولسۇن، كىچىك ئىش بولسۇن ئاتام ماڭا دېمەي قويمايدۇ.
نېمىشقا ئاتام بۇ ئىشنى مەندىن يوشۇرىدىكىنە؟ ھەرگىز ئۇنداق

---

24:19 «بۇنىڭ بىلەن: ــ «سائۇلمۇ پەيغەمبەرلەردىنمۇ؟» دېيىدىغان گەپ پەيدا بولدى»
ــ 10-باب، 12-ئايەت ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

بولمايدۇ، دېدى.
3 لېكىن داۋۇت يەنە قەسەم قىلىپ: ــ ئاتاڭ سېنىڭ نەزىرىڭدە ئىلتىپات
تاپقىنىمنى جەزمەن بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ كۆڭلىدە: ــ يوناتان بۇنى
بىلىپ قالمىسۇن؛ بولمىسا ئۇنىڭغا ئازار بولىدۇ، دېگەندۇ. لېكىن
پەرۋەردىگارنىڭ هاياتى بىلەن، جېنىڭ ۋە هاياتىڭ بىلەن ئالدىڭدا
قەسەم قىلىمەنكى، ماڭا ئۆلۈمنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەملا قالدى، دېدى.
4 يوناتان داۋۇتقا: ــ كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلاي، دېدى.
5 داۋۇت يوناتانغا مۇنداق دېدى: ــ مانا ئەتە «يېڭى ئاي» بولىدۇ؛ مەن
ئادەتتىكىدەك پادىشاھ بىلەن ھەمداستىخان بولمىسام بولمايدۇ.
لېكىن مېنى قويۇپ بەرگىن، مەن ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمىغىچە
دالادا مۆكۈنۈۋالاي. 6 ئاتاڭ مېنىڭ سورۇندا يوقلۇقىمنى كۆرۈپ
سورىسا، سەن ئۇنىڭغا: «داۋۇت مەندىن ئۆز شەھىرى بەيت-لەھەمگە
تېزراق بېرىپ كېلىشكە جىددىي رۇخسەت سورىدى، چۈنكى ئۇ يەردە
پۈتكۈل ئائىلىسى ئۈچۈن بىر يىللىق قۇربانلىق ئۆتكۈزىدىكەن»،
دېگىن، دېدى. 7 ئەگەر ئۇ: ــ ئوبدان بوپتۇ، دېسە، قۇلۇڭ تىنچ-ئامان
بولىدۇ: ــ لېكىن ئۇ ئاچچىقلانسا، ئۇنىڭ ماڭا يامانلىق قىلىشنى
نىيەت قىلغانلىقىدىن گۇمان قىلمىغىن. 8 سەن قۇلۇڭغا ئىلتىپات
كۆرسەتكىن؛ چۈنكى سەن ئۆزۈڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
قۇلۇڭنى ئەھدىلەشتۈرگەنسەن. لېكىن ئەگەر مەندە بىر يامانلىق
بولسا سەن ئۆزۈڭلا مېنى ئۆلتۈرگىن؛ مېنى ئېلىپ بېرىپ ئاتاڭغا
تاپشۇرۇشنىڭ نېمە هاجىتى؟ ــ دېدى.
9 يوناتان: ــ ئۇنداق خىيال سەندىن نېرى بولسۇن! ئەگەر ئاتامنىڭ
ساڭا يامانلىق قىلىدىغان نىيىتى بارلىقىنى بىلىپ قالسام، ساڭا
دەيتتىم ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى.
10 داۋۇت يوناتانغا: ــ ئەگەر ئاتاڭ ساڭا قاتتىق گەپ بىلەن جاۋاب
بەرسە، كىم ماڭا خەۋەر بېرىدۇ؟ ــ دېدى.
11 يوناتان داۋۇتقا: ــ كەلگىن، دالاغا چىقايلى، دېدى. شۇنىڭ

**8:20** 1سام. 3:18

بىلەن ئىككىسى دالاغا چىقتى. 12 يوناتان داۋۇتقا مۇنداق دېدى:
ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ماڭا گۇۋاھكى، مەن ئەتە
ياكى ئۆگۈنلۈككە مۇشۇ ۋاقىتتا ئاتامنىڭ نىيىتىنى بىلىپ، ساڭا
ئىلتىپاتلىق بولسا، مەن ئادەم ماڭدۇرۇپ ساڭا مەلۇم قىلمامدىم؟
13 ئەگەر ئاتام ساڭا يامانلىق قىلماقچى بولسا، مەن سېنى تىنچ-
ئامان يولغا سېلىش ئۈچۈن ساڭا ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر بەرمىسەم،
پەرۋەردىگار ماڭا سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەندىنمۇ ئارتۇق چۈشۈرسۇن؛
ئەمدى پەرۋەردىگار ئاتام بىلەن بىللە بولغاندەك سېنىڭ بىلەن بىللە
بولسۇن.
14 ھاياتلا بولسام مېنى ئۆلمىسۇن دەپ پەرۋەردىگارنىڭ
مېھرىبانلىقىنى ماڭا كۆرسەتكەيسەن. 15 مەن ئۆلۈپ كەتكەن
تەقدىردىمۇ، ئۆيدىكىلىرىمدىن ھەم ھېچ ۋاقىت مېھرىبانلىقىڭنى
ئۈزمىگەيسەن؛ پەرۋەردىگار سەن داۋۇتنىڭ ھەممە دۈشمەنلىرىنى يەر
يۈزىدىن يوقاتقاندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلغايسەن».
16 شۇنىڭ بىلەن يوناتان داۋۇتنىڭ جەمەتى بىلەن ئەھدە قىلىشىپ: ــ
پەرۋەردىگار داۋۇتنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ھېساب ئالسۇن، دېدى. 17 ئاندىن
يوناتان يەنە ئۆزىنىڭ داۋۇتقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭغا قەسەم
قىلدۇردى؛ چۈنكى ئۇ ئۇنى ئۆز جېنىدەك سۆيەتتى.
18 يوناتان داۋۇتقا مۇنداق دېدى: ــ ئەتە يېڭى ئاي بولىدۇ. مانا
سېنىڭ ئورنۇڭ بوش قالىدۇ، كىشىلەر سېنىڭ يوقلۇقىڭغا دىققەت
قىلىدۇ. 19 ئۈچىنچى كۈنى سەن چۈشۈپ ئالدىنقى قېتىم بۇ ئىشقا
يولۇققىنىڭدا ئۆزۈڭنى يوشۇرغان جايغا بېرىپ «ئېزەل» دېگەن
تاشنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرغىن. 20 مەن تاشنىڭ يېنىدىكى بىر جايغا
خۇددى نىشاننى قارالىغاندەك ئۈچ پاي يا ئوقى ئاتاي.
21 ئاندىن غۇلامنى ماڭدۇرۇپ: ــ «يا ئوقلىرىنى تېپىپ كەلگىن» ــ
دەيمەن. ئەگەر مەن غۇلامغا: ــ ئەنە، ئوقلار ئارقا تەرەپتە تۇرىدۇ، ئۇلارنى
ئېلىپ كەل، دېسەم، سەن چىقىپ يېنىمغا كەلگىن؛ شۇنداق بولغاندا،
پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئۈچۈن تىنچ-

ئامانلىق بولىدۇ، ھېچ ئىش بولمايدۇ. [22] لېكىن غۇلامغا: ــ ئەنە، ئوقلار ئالدىڭدا تۇرىدۇ، دېسەم، سەن كەتكىن، چۈنكى ئۇنداق بولسا، پەرۋەردىگار سېنى كەتكۈزۈۋەتكەن بولىدۇ. [23] ئەمدىلىكتە مەن بىلەن سەن سۆزلەشكەن ئىش توغرۇلۇق، پەرۋەردىگار سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىمىزدا گۇۋاھچىدۇر.

[24] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت دالادا مۆكۈنۈۋالدى. يېڭى ئاي كەلگەندە، پادىشاھ تائام يېگىلى داستىخاندا ئولتۇردى. [25] پادىشاھ بولسا بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئورنىدا تامنىڭ يېنىدىكى تۆردە ئولتۇردى. يوناتان ئورنىدىن تۇردى، ئابنەر سائۇلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. لېكىن داۋۇتنىڭ ئورنى بوش قالدى. [26] ئەمما سائۇل ئۇ كۈنى ھېچنېمە دېمىدى. چۈنكى ئۇ: ــ داۋۇتقا بىر ئىش بولدى، ئۇ ناپاك بولۇپ قالدى. ئۇ جەزمەن ناپاك بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدى. [27] لېكىن داۋۇتنىڭ ئورنى يېڭى ئاينىڭ ئەتىسىمۇ، يەنى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنىمۇ بوش ئىدى. سائۇل ئوغلى يوناتاندىن: ــ نېمىشقا يەسسەنىڭ ئوغلى ياكى تۈنۈگۈن ياكى بۈگۈن تاماققا كەلمەيدۇ، دەپ سورىدى.

[28] يوناتان سائۇلغا جاۋاب بېرىپ: ــ داۋۇت بەيت-لەھەمگە بارغىلى مەندىن جىددىي رۇخسەت سوراپ: ــ [29] مېنىڭ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلغىن، ئائىلىمىزنىڭ شەھەردە بىر قۇربانلىق ئىشى بولغاچ ئاكام مېنىڭ بېرىشىمنى ئېيتىپتۇ؛ ئەگەر سېنىڭ نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام قېرىنداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە رۇخسەت

---

25:20 **«پادىشاھ بولسا بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئورنىدا تامنىڭ يېنىدىكى تۆردە ئولتۇردى. يوناتان ئورنىدىن تۇردى، ئابنەر سائۇلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى»** ــ يوناتاننىڭ «ئورنىدىن تۇرۇشى» بەلكىم تاغىسى ئابنەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سائۇلنىڭ يېنىدىكى ئورۇننى بوشىتىش ئۈچۈن.

—باشقا خىل تەرجىمىسى: «يوناتان ئۇنىڭ (سائۇلنىڭ) ئۇدۇلىدا ئىدى»

26:20 **«داۋۇتقا بىر ئىش بولدى، ئۇ ناپاك بولۇپ قالدىن»** ــ «ناپاك بولۇش»: مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، بىرسى مەسىلەن بىر ئۆلۈككە تەگكەن بولسا بىر مەزگىل «ناپاك» بولاتتى ــ شۇنداق بولسا ئۇنىڭ ھېچ قۇربانلىق (مەسىلەن، يېڭى ئايدىكى قۇربانلىقلار)دىن يېيىشكە بولمايتتى.

بەرگىن، دېدى. شۇڭا ئۇ پادىشاھنىڭ داستىخىنىغا كەلمىدى، دېدى.
30 سائۇلنىڭ يوناتانغا قاتتىق غەزىپى كېلىپ: — ئى بۇزۇق، كاج
خوتۇننىڭ ئوغلى، نېمىشقا يەسسەنىڭ ئوغلىنى ئۆزۈڭگە تاللاپ،
ئۆزۈڭنى شەرمەندە قىلىپ ۋە ئاناڭنى نومۇسقا قويغىنىڭنى
بىلمەمدىمەن؟ 31 ئەگەر يەسسەنىڭ ئوغلى يەر يۈزىدە تىرىك بولسىلا،
سەن ھەم سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ مۇستەھكەم بولمايدۇ. شۇڭا ئەمدى
ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن، چۈنكى ئۇ
ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر! — دېدى.
32 يوناتان ئاتىسى سائۇلغا جاۋاب بېرىپ: — ئۇ نېمىشقا ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلىنىشى كېرەك؟ ئۇ نېمە قىپتۇ؟ — دېدى.
33 ئاندىن سائۇل يوناتانغا سانجىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا نەيزىنى ئاتتى؛
بۇنىڭ بىلەن يوناتان ئاتىسىنىڭ داۋۇتنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى
ئېنىق بىلىپ يەتتى. 34 يوناتان بولسا قاتتىق ئاچچىقلاپ داستىخاندىن
قوپۇپ كەتتى ۋە يېڭى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ھېچ تائام يېمىدى.
چۈنكى ئاتىسىنىڭ داۋۇتنى شۇنداق ھاقارەتلىشى ئۇنىڭغا قاتتىق
ئازار بولغانىدى.
35 ئەتىسى يوناتان دالاغا چىقىپ داۋۇت بىلەن كېلىشكەن جايغا باردى.
ئۇنىڭ بىلەن بىر كىچىك غۇلام بىللە باردى.
36 ئۇ غۇلامغا: — سەن يۈگۈر، مەن ئاتقان يا ئوقلىرىنى تېپىپ
كەلگىن، دېدى. غۇلام يۈگۈردى، ئۇ بىر ئوقنى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە
ئاتتى. 37 غۇلام يوناتان ئاتقان ئوق چۈشكەن جايغا كەلگەندە
يوناتان غۇلامنى چاقىرىپ: — ئوق سېنىڭ ئالدى تەرىپىڭدە
تۇرمامدۇ؟ — دېدى. 38 ئاندىن يوناتان غۇلامنى يەنە چاقىرىپ: — بول،
ئىتتىك بول، ھايال بولمىغىن! — دېدى. يوناتاننىڭ غۇلامى يا ئوقىنى
يىغىپ غوجىسىغا ئېلىپ كەلدى. 39 لېكىن غۇلامنىڭ بولغان ئىشتىن
خەۋىرى يوق ئىدى. بۇنى يالغۇز يوناتان بىلەن داۋۇتلا بىلەتتى.
40 ئاندىن يوناتان غۇلامغا ياراغلىرىنى بېرىپ ئۇنىڭغا: — ئۇلارنى
شەھەرگە ئېلىپ كەتكىن، دېدى.

[41] غۇلام كەتكەندىن كېيىن داۋۇت تاشنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن چىقىپ يەرگە يىقىلىپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى. ئۇلار بىر-بىرىنى سۆيۈشتى، بىر-بىرىگە ئېسىلىشىپ يىغلاشتى، بولۇپمۇ داۋۇت قاتتىق يىغلىدى.
[42] يوناتان داۋۇتقا: — سەپىرىڭ تىنچ-ئامان بولسۇن؛ چۈنكى بىز ئىككىمىز: — پەرۋەردىگار مېنىڭ بىلەن سېنىڭ ئوتتۇرۇڭدا ۋە مېنىڭ نەسلىم بىلەن سېنىڭ نەسلىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈگە گۇۋاھ بولسۇن، دەپ پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىشكەن، دېدى. داۋۇت ئورنىدىن قوپۇپ ماڭدى، يوناتانمۇ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

## داۋۇت نوب شەھىرىگە بارىدۇ

21 [1] داۋۇت ئەمدى نوبقا كېلىپ ئاخىمەلەك كاھىننىڭ قېشىغا باردى. [2] لېكىن ئاخىمەلەك داۋۇتنى كۆرگەندە تىترەپ قورقۇپ ئۇنىڭغا: — نېمىشقا بىرىمۇ سەن بىلەن كەلمەي يالغۇز كەلدىڭ؟ — دېدى.
[3] داۋۇت ئاخىمەلەك كاھىنغا: — پادىشاھ ماڭا مەلۇم بىر ئىشنى بۇيرۇپ: — مەن ساڭا بۇيرۇغان ئىش ياكى ساڭا تاپىلىغان يولىيورۇق توغرىسىدىن ھېچكىم بىرنېمە بىلمىسۇن، دېگەنىدى. ئۆز غۇلاملىرىمنى بولسا مەلۇم بىر جايغا بېرىشقا بېكىتىپ قويدۇم. [4] ئەمدى قولۇڭدا نېمە بار؟ بەش نان، ياكى نېمە بولسا، شۇنى ماڭا بەرگىن، دېدى.
[5] كاھىن داۋۇتقا جاۋاب بېرىپ: — قولۇمدا ئادەتتىكى نان يوق، پەقەت مۇقەددەس نان بار. ئەگەر غۇلاملار ئاياللارغا يېقىنلاشمىغان بولسا يېسە راۋا بولىدۇ، دېدى.
[6] داۋۇت كاھىنغا جاۋاب بېرىپ: — بەرھەق، مەن باشقا ۋاقىتلاردا چىققىنىمغا ئوخشاش، ئاياللار بىزدىن يىراق بولغىلى ئۈچ كۈن بولدى. مەن ھەرقېتىم چىققاندا، گەرچە ئادەتتىكى سەپەر بولسىمۇ، غۇلاملارنىڭ قاچىلىرى پاك بولىدىغان يەردە، بۈگۈن ئۇلار ۋە قاچىلىرى تېخىمۇ پاك بولمامدۇ، دېدى.

6:21 «...گەرچە ئادەتتىكى سەپەر بولسىمۇ، غۇلاملارنىڭ قاچىلىرى پاك بولىدىغان يەردە،

7 شۇنىڭ بىلەن كاھىن ئۇنىڭغا مۇقەددەس ناندىن بەردى، چۈنكى
بۇ يەردە «تەقدىم نان»دىن باشقا ھېچقانداق نان يوق ئىدى.
بۇ نان پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا يېڭى ئىسسىق نان قويۇلغان
كۈنى ئالماشتۇرۇلغان نانلار ئىدى 8 (لېكىن ئۇ كۈنى سائۇلنىڭ
خىزمەتكارلىرىدىن مەلۇم بىرسى ئۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ
ھۇزۇرىدا قالدۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئىسمى دوئەگ بولۇپ سائۇلنىڭ
پادىچىلىرىنىڭ چوڭى ئىدى).
9 داۋۇت ئاخىمەلەككە: ــ قولۇڭدا نەيزە ياكى قىلىچ يوقمۇ؟ پادىشاھ
تاپشۇرغان ئىش جىددىي بولغاچ ياكى قىلىچ ياكى باشقا ياراغلىرىمنى
ئېلىپ كېلەلمىدىم، دېدى.
10 كاھىن: ــ سەن ئېلاھ جىلغىسىدا ئۆلتۈرگەن فىلىستىي گولىئاتنىڭ
قىلىچى بۇ يەردە بار، ئۇ ئەفودنىڭ كەينىدە، بىر پارچە رەختكە
ئوراقلىق ھالدا تۇرىدۇ. خالىساڭ ئالغىن، ئۇنىڭدىن باشقىسى يوق،
دېدى. داۋۇت: ــ بۇ تەڭدىشى يوق قىلىچتۇر، شۇنى ماڭا بەرگىن، دېدى.
11 داۋۇت ئۇ كۈنى قوپۇپ سائۇلدىن قېچىپ گاتنىڭ پادىشاھى ئاقىشنىڭ
قېشىغا باردى.
12 لېكىن ئاقىشنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا: ــ بۇ زېمىننىڭ
پادىشاھى داۋۇت ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ توغرىسىدا قىز-ئاياللار بىر-
بىرىگە: ــ

سائۇل مىڭلاپ ئۆلتۈردى،
ۋە داۋۇت ئون مىڭلاپ ئۆلتۈردى،

دەپ ناخشا-غەزەل ئوقۇشۇپ ئۇسسۇل ئوينىغان ئەمەسمۇ، دېدى.
13 داۋۇت بۇ سۆزلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ گاتنىڭ پادىشاھى ئاقىشتىن

---

**بۈگۈن ئۇلار ۋە قاچىلىرى تېخىمۇ پاك بولمامدۇ»** ــ باشقا نەچچە تەرجىمىسى ئۇچرىشى مۇمكىن

**7:21 «چۈنكى بۇ يەردە «تەقدىم نان»دىن باشقا ھېچقانداق نان يوق ئىدى»** ــ «تەقدىم نان»: ــ ياكى «(خۇدانىڭ) ھۇزۇرى نېنى»، ياكى «تىزىلغان نان». «مىس.» 25- ۋە 35-بابنى كۆرۈڭ.

**7:21** مات. 3:12؛ مار. 25:2؛ لۇقا 3:6

**12:21** 1سام. 7:18

بەك قورقتى. 14 شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ يۈرۈش-
تۇرۇشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ قولىدا تۇرغان ۋاقتىدا ئۆزىنى
ساراڭدەك كۆرسەتتى؛ ئۇ دەرۋازىلارنىڭ ئىشىكلىرىگە جىجىپ،
تۈكۈرۈكىنى ساقىلىغا ئاقتۇراتتى.
15 ئاقىش خىزمەتكارلىرىغا: ــ مانا بۇ ئادەمنىڭ ساراڭلىقىنى
كۆرمەمسىلەر؟ ئۇنى نېمىشقا مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ
كەلدىڭلار؟ 16 مەندە ساراڭلار كەمچىلمىدى؟ سىلەر بۇ كىشىنى
ئالدىمغا ساراڭلىق قىلغىلى ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟ بۇ ئادەم مېنىڭ
ئۆيۈمگە كىرىشى كېرەكمۇ؟ ــ دېدى.

## داۋۇت مىزپاھ ۋە ئادۇللامغا بارىدۇ

22 1 داۋۇت ئۇ يەردىن كېتىپ ئادۇللامدىكى غارغا قاچتى.
ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ پۈتكۈل جەمەتى
بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى. 2 ئېزىلگەن، قەرزدار بولغان ۋە
دەردمەنلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇ
ئۇلارنىڭ سەردارى بولدى. ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئادەملەر بولسا تۆت
يۈزچە ئىدى.
3 داۋۇت ئۇ يەردىن چىقىپ موئابدىكى مىزپاھقا بېرىپ موئابنىڭ
پادىشاھىدىن: ــ خۇدانىڭ مېنى نېمە قىلىدىغىنىنى بىلگۈچە، ئاتا-
ئانامنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئاراڭلاردا تۇرۇشىغا يول قويغايلا، دەپ تەلەپ
قىلدى. 4 داۋۇت ئاتىسى ۋە ئانىسىنى موئابنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا
ئېلىپ كەلدى. داۋۇت قورغاندا تۇرغان پۈتكۈل كۈنلەردە ئاتا-ئانىسى
ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇردى.
5 ئەمما گاد پەيغەمبەر داۋۇتقا: ــ قورغاندا تۇرماي، بۇ يەردىن چىقىپ،
يەھۇدا زېمىنىغا بارغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئۇ يەردىن
ئايرىلىپ، ھەرەت ئورمانلىقىغا باردى.

3:22 **«موئابدىكى مىزپاھ»** ــ ياكى «موئابدىكى مىزپەھ».

## سائۇل نوبدىكى كاھىنلارنى ئۆلتۈرىدۇ

[6]سائۇل داۋۇتنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. سائۇل بۇ ۋاقىتتا راماھدىكى گىبېئاھدا ئېگىز بىر جايدا يۇلغۇن دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا نەيزىسى بار ئىدى، بارلىق خىزمەتكارلىرى چۆرىسىدە تۇراتتى. [7]سائۇل چۆرىسىدە تۇرغان خىزمەتكارلىرىغا: ــ ئى بىنيامىنلىقلار، قۇلاق سېلىڭلار! يەسسەنىڭ ئوغلى ھەر بىرىڭلارغا ئېتىزلار بىلەن ئۈزۈمزارلارنى تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ ھەممىڭلارنى مىڭ بېشى ۋە يۈز بېشى قىلامدۇ؟ [8]سىلەر ھەممىڭلار ماڭا قەست قىلدىڭلار، ئۆز ئوغلۇمنىڭ يەسسەنىڭ ئوغلى بىلەن ئەھدە قىلىشقىنىنى ھېچكىم ماڭا ئۇقتۇرمىدى. ھېچ قايسىڭلار ماڭا ئىچ ئاغرىتمىدىڭلار ياكى ئۆز ئوغلۇمنىڭ مېنىڭ خىزمەتكارىمنى ماڭا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتقىنىدىن ماڭا خەۋەر بەرمىدىڭلار، دېدى.

[9]ئاندىن سائۇلنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان دوئەگ: ــ «مەن يەسسەنىڭ ئوغلىنىڭ نوبقا ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى ئاخىمەلەكنىڭ قېشىغا كەلگىنىنى كۆردۈم، [10]ــ ئاخىمەلەك ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن يول سورىدى ۋە ئۇنىڭغا ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن فىلىستىي گولىئاتنىڭ قىلىچىنى بەردى» ــ دېدى.

[11] پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى كاھىن ئاخىمەلەكنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى، يەنى نوبدىكى كاھىنلارنىمۇ چاقىرتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى.

[12] سائۇل: ــ ئى ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى ئاڭلىغىن، دېدى. ئۇ: ــ ئى غوجام، مانا مەن، دېدى.

[13] سائۇل ئۇنىڭغا: ــ نېمىشقا سىلەر، سەن بىلەن يەسسەنىڭ ئوغلى، ماڭا قەست قىلىسىلەر؟ سەن ئۇنىڭغا نان ۋە قىلىچ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇدادىن يول سورىدىڭغۇ؟ مانا ئەمدى ئۇ بۈگۈنكىدەك ماڭا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ پايلاپ يۈرمەكتە! ــ دېدى.

14 ئاخىمەلەك پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: ــ سىلىنىڭ بارلىق
خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا داۋۇتتەك سادىق كىم بار؟ ئۇ پادىشاھنىڭ
كۈيئوغلى، سىلىنىڭ مەخپىي مەسلىھەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغۇچى
ۋە ئوردىلىرى ئىچىدە ئىززەتلىك ئەمەسمىدى؟ 15 مەن پەقەت ئۇنىڭ
ئۈچۈن خۇدادىن يول سوراشنى بۈگۈنلا باشلىدىممۇ؟ ئاسىيلىق قىلىش
مەندىن نېرى بولسۇن! پادىشاھ ئۆز قۇلىنى ۋە ئاتامنىڭ پۈتكۈل
جەمەتىنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، چۈنكى قۇللىرىنىڭ بۇ ئىشتىن
قىلچە خەۋىرى يوق، دېدى.
16 لېكىن پادىشاھ: ــ ئى ئاخىمەلەك، سەن ئۆلىسەن، سەن ۋە ئاتاڭنىڭ
پۈتكۈل جەمەتى چوقۇم ئۆلىسىلەر، دېدى. 17 پادىشاھ ئۆز چۆرىسىدىكى
چاپارمەنلىرىگە: ــ ماڭ، پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!
چۈنكى ئۇلار ھەم داۋۇتقا ھەمدەم بولدى ھەم ئۇنىڭ قاچقىنىنى
بىلىپ تۇرۇپ ماڭا خەۋەر بەرمىدى، دېدى. لېكىن پادىشاھنىڭ قول
ئاستىدىكىلىرى پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە قول
كۆتۈرگىلى ئۇنىمىدى.
18 ئەمدى پادىشاھ دوئەگكە: ــ سەن بېرىپ كاھىنلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن،
دېدى. ئېدوملۇق دوئەگ بېرىپ كاھىنلارنى ئۆلتۈردى؛ بۇ كۈنى ئۇ
كاناپتىن توقۇلغان ئەفود كىيگەن سەكسەن بەش ئادەمنى ئۆلتۈردى.
19 ئاندىن ئۇ كاھىنلارنىڭ شەھىرى نوبدا ئولتۇرغۇچىلارنى قىردى،
يەنى ئەر ۋە ئاياللار، باللار ۋە بوۋاقلار، كالا، ئېشەك، قويلار ــ
ھەممىسىنى قىلىچلىدى. 20 ئەمما ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى ئاخىمەلەكنىڭ
ئابىياتار دېگەن بىر ئوغلى قۇتۇلۇپ داۋۇتنىڭ قېشىغا قېچىپ كەلدى.
21 ئابىياتار داۋۇتقا سائۇل پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرىنى ئۆلتۈردى،
دەپ خەۋەر بەردى.
22 داۋۇت ئابىياتارغا: ــ ئۇ كۈنى دوئەگنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭ جەزمەن سائۇلغا خەۋەر بېرىدىغىنىنى بىلگەنىدىم.

---

15:22 **«چۈنكى قۇللىرىنىڭ بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋىرى يوق»** ــ ئىبرانىي تىلدا «چۈنكى قۇللىرىنىڭ بۇ ئىشتىن ئازمۇ، جىقمۇ خەۋىرى يوق».

مەن ئاتائىنىڭ پۈتكۈل جەمەتىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە زامىن بولدۇم، دېدى. [23] مەن بىلەن بىللە تۇرغىن، ھېچ قورقمىغىن. چۈنكى مېنىڭ جېنىمنى ئالماقچى بولغانلار سېنىڭ جېنىڭنىمۇ ھەم ئالماقچى. مېنىڭ قېشىمدا بىخەتەر تۇرىسەن، دېدى.

## داۋۇت كېئىلاھ شەھىرىنى قۇتقۇزىدۇ

23 [1] بىرسى داۋۇتقا خەۋەر بېرىپ: — مانا فىلىستىيلەر كېئىلاھغا ھۇجۇم قىلىپ خامانلارنى بۇلاپ-تالىماقتا، دېدى.
[2] داۋۇت پەرۋەردىگاردىن: — مەن بېرىپ بۇ فىلىستىيلەرگە زەربە بېرىمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى. پەرۋەردىگار داۋۇتقا: — بېرىپ فىلىستىيلەرگە زەربە بېرىپ كېئىلاھنى ئازاد قىلغىن، دېدى.
[3] لېكىن داۋۇتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا: — مانا بىز يەھۇدادا زېمىندا تۇرۇپمۇ قورقۇۋاتقان يەردە، كېئىلاھغا بېرىپ فىلىستىيلەرنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلساق قانداق بولار؟ — دېدى.
[4] شۇڭا داۋۇت يەنە بىر قېتىم پەرۋەردىگاردىن سورىۋىدى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: — سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كېئىلاھغا بارغىن؛ چۈنكى مەن فىلىستىيلەرنى قولۇڭغا تاپشۇرىمەن، دېدى. [5] بۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئۆز ئادەملىرى بىلەن كېئىلاھغا بېرىپ فىلىستىيلەر بىلەن سوقۇشۇپ، ماللىرىنى ئولجا قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق قىردى. داۋۇت شۇنداق قىلىپ كېئىلاھدا تۇرۇۋاتقانلارنى قۇتقۇزدى.

## داۋۇت سائۇلنىڭ چاڭگىلىدىن يەنە قۇتۇلىدۇ

[6] ئەمدى ئاخىمەلەكنىڭ ئوغلى ئابىياتار كېئىلاھغا قېچىپ كېلىپ داۋۇتنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ قولىدا ئەفود بار ئىدى.
[7] بىرسى سائۇلغا، داۋۇت كېئىلاھغا كەپتۇ، دەپ خەۋەر بەردى. سائۇل: — ئەمدى خۇدا ئۇنى مېنىڭ قولۇمغا تاشلاپ تاپشۇردى. چۈنكى ئۇ

**6:23** 1سام. 20:22

دەرۋازىلىرى ۋە تاقاقلىرى بار شەھەرگە كىرگەچكە سولىنىپ
قالدى، دېدى. [8]ئەمدى سائۇل داۋۇت بىلەن ئادەملىرىنى
مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن ھەممە خەلقنى كېئىلاھغا بېرىپ
جەڭ قىلىشقا چاقىردى.
[9]داۋۇت سائۇلنىڭ ئۆزىنى قەستلەيدىغانلىقىنى بىلىپ،
ئابىياتار كاھىنغا: ــ ئەفودنى ئېلىپ كەلگىن، دېدى. [10] ئاندىن
داۋۇت: ــ ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار، مەنكى سېنىڭ
قۇلۇڭ سائۇلنىڭ بۇ شەھەرنى مېنىڭ سەۋەبىمدىن خاراب
قىلىش ئۈچۈن كېئىلاھغا كېلىشكە قەستلەۋاتقانلىقىنى
ئېنىق ئاڭلىدىم. [11] كېئىلاھدىكىلەر مېنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتۇپ
بېرەرمۇ؟ سائۇل ئۆز بەندەڭ ئاڭلىغاندەك بۇ يەرگە كېلەرمۇ؟
ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار، سەندىن ئۆتۈنىمەنكى،
ئۆز بەندەڭگە بىلدۈرگەيسەن، دېدى. پەرۋەردىگار: ــ ئۇ بۇ
يەرگە كېلىدۇ، دېدى. [12] داۋۇت يەنە: ــ كېئىلاھتىكىلەر مېنى
ۋە ئادەملىرىمنى سائۇلنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرەرمۇ، دېدى.
پەرۋەردىگار: ــ ئۇلار سىلەرنى تۇتۇپ بېرىدۇ، دېدى.
[13] ئەمدى داۋۇت ئادەملىرى بىلەن (تەخمىنەن ئالتە يۈزچە)
ئورنىدىن تۇرۇپ كېئىلاھدىن چىقىپ، ئۆزلىرى بارالايدىغان
تەرەپكە قاراپ كەتتى. سائۇلغا، داۋۇت كېئىلاھتىن قېچىپتۇ دەپ
خەۋەر بېرىلگەندە ئۇ ئۇنى قوغلاشقا چىقمىدى.
[14] داۋۇت بولسا چۆلدىكى قورغان-قىيالاردا ھەمدە زىف چۆلىنىڭ
تاغلىرىدا تۇردى. سائۇل ئۇنى ھەر كۈنى ئىزدەيتتى؛ لېكىن خۇدا
ئۇنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرمىدى.
[15] ئەمدى داۋۇت سائۇلنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرگىلى چىقىدىغانلىقىنى

---

9:23 **«داۋۇت سائۇلنىڭ ئۆزىنى قەستلەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئابىياتار كاھىنغا: ــ ئەفودنى ئېلىپ كەلگىن، دېدى»** ــ كۆرۈنىدۇكى، 10-12-ئايەتتىكى سوئاللارنى داۋۇت ئەفود ۋاستىسى بىلەن پەرۋەردىگاردىن سورايدۇ.

11:23 **«..كېلەرمۇ؟... كېلىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «... چۈشەرمۇ؟...چۈشىدۇ» دېيىلىدۇ.

باپىقاپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ زىف چۆلىدىكى بىر ئورمانلىقتا تۇراتتى.
16 سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان بولسا ئورمانلىققا چىقىپ داۋۇتنىڭ
قېشىغا بېرىپ، ئۇنى خۇدا ئارقىلىق رىغبەتلەندۇرۇپ ئۇنىڭغا: ــ
17 قورقمىغىن؛ چۈنكى ئاتام سائۇلنىڭ قولى سېنى تاپالمايدۇ. سەن
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ بولىسەن، مەن بولسام سېنىڭ
ۋەزىرىڭ بولىمەن، بۇنى ئاتام سائۇلمۇ بىلىدۇ، دېدى.
18 ئاندىن ئۇلار ئىككىيلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئەھدە قىلىشتى؛
داۋۇت بولسا، ئورمانلىقتا تۇرۇپ قالدى، يوناتان ئۆز ئۆيىگە يېنىپ
كەتتى.
19 شۇنىڭدىن كېيىن زىفتىكىلەر گىبېئاھتا تۇرۇۋاتقان سائۇلنىڭ
قېشىغا كېلىپ: ــ مانا، داۋۇت خاقىلاھنىڭ ئېگىزلىكىدىكى
يەشىموننىڭ جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان ئورمانلىقتىكى قورغانلاردا
يوشۇرۇنۇۋالدى، بىلمەمدىلا؟ 20 شۇڭا، ئى پادىشاھ، قاچان كۆڭلىرى
تارتسا شۇ چاغدا كەلسىلە؛ بىزنىڭ بۇرچىمىز ئۇنى پادىشاھنىڭ
قولىغا تۇتۇپ بېرىشتۇر، دېدى.
21 سائۇل: ماڭا ئىچ ئاغرىتقىنىڭلار ئۈچۈن پەرۋەردىگار سىلەرگە
بەخت ئاتا قىلغاي. 22 ئەمدى سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، بېرىپ زادى
قايسى يەردە تۇرىدىغىنىنى جەزملەشتۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى
ئېنىقلاپ، ۋە كىمنىڭ ئۇنى كۆرگەنلىكىنى بىلىپ كېلىڭلار؛ چۈنكى
كىشىلەر ئېيتىشىچە ئۇ ئىنتايىن ھىيلىگەر ئىكەن، دېدى.
23 شۇڭا بېرىپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇنغان بارلىق مەخپىي جايلىرىنى ئېنىق
كۆرۈپ كېلىڭلار، يېنىمغا يېنىپ كېلىپ ماڭا ئەينىنى ئېيتىڭلار.
ئاندىن مەن سىلەر بىلەن بىللە بارىمەن؛ ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئەگەر
ئۇ زېمىندا بولسىلا، مەن يەھۇدىيلارنىڭ مىڭلىغانلارنىڭ ئارىسىدىن
ئۇنى ئىزدەپ تاپىمەن، دېدى.

---

15:23 **«زىف چۆلىدىكى بىر ئورمانلىقتا..»** ــ ياكى «زىف چۆلىدىكى خورەش شەھرىدە...».

16:23 **«يوناتان... داۋۇتنى .... رىغبەتلەندۇردى»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «يوناتان ... ئۇنىڭ (داۋۇتنىڭ) قولىنى كۈچلەندۈردى» دېيىلىدۇ.

24 ئۇلار قوپۇپ سائۇلدىن ئىلگىرى زىفقا باردى؛ لېكىن داۋۇت ئۆز ئادەملىرى بىلەن مائون چۆللۈكىدىكى يەشىموننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئاراباھ تۈزلەڭلىكىدە تۇرۇۋاتاتتى. 25 سائۇل ئادەملىرى بىلەن داۋۇتنى ئىزدەپ باردى. كىشىلەر بۇ خەۋەرنى داۋۇتقا ئېيتتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۈشۈپ، قىياغا بېرىپ مائون چۆلىدە تۇردى. سائۇل بۇنى ئاڭلاپ داۋۇتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مائوننىڭ چۆلىگە چىقتى. 26 سائۇل تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە ماڭدى، ئەمما داۋۇت ئادەملىرى بىلەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ماڭدى. داۋۇت سائۇلدىن قېچىش ئۈچۈن ئالدىرىۋاتقانىدى؛ لېكىن سائۇل ئادەملىرى بىلەن داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تۇتىمىز دەپ ئۇلارنى قورشىغىلى تۇردى. 27 ئەمما بىر خەۋەرچى سائۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ــ فىلىستىيلەر زېمىنىمىزنىڭ جەنۇب تەرىپىگە كىرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتىدۇ، تېزدىن قايتسىلا، دېدى.

28 شۇنىڭ بىلەن سائۇل يېنىپ داۋۇتنى قوغلاشتىن توختاپ فىلىستىيلەر بىلەن سوقۇشقىلى چىقتى. شۇڭا ئۇ يەر سېلا-خاماھلېكوت دەپ ئاتالدى. 29 داۋۇت بولسا ئۇ يەردىن چىقىپ ئەن-گەدىنىڭ تاغ-قورغانلىقىدا تۇردى.

## داۋۇت سائۇلنى ئايايدۇ

24

1 سائۇل فىلىستىيلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ يانغاندا ئۇنىڭغا: ــ مانا، داۋۇت ئەن-گەدىدىكى چۆلدە تۇرۇۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر بېرىلدى. 2 سائۇل ئەمدى پۈتكۈل ئىسرائىلدىن خىللانغان ئۈچ مىڭ ئادەمنى ئېلىپ داۋۇت بىلەن ئادەملىرىنى ئىزدىگىلى «ياۋا ئېچكىلەر» قورام تاشلىقىغا چىقتى. 3 ئۇ يولنىڭ يېنىدىكى قوي قوتانلىرىغا كەلگەندە، شۇ يەردە بىر غار بار ئىدى. ئۇ تەرەت قىلىش ئۈچۈن غارغا كىردى؛ داۋۇت بىلەن ئادەملىرى غارنىڭ ئىچكىرىسىدە ئولتۇراتتى.

28:23 **«سېلا-هاماھلېكوت»** ــ مەنىسى بەلكىم «ئايرىغۇچى قورام تاش».

4داۋۇتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا: ــ مانا پەرۋەردىگارنىڭ ساڭا: ــ ئۆز
دۈشمىنىڭنى سېنىڭ قولۇڭغا بېرىمەن، نېمە ساڭا لايىق كۆرۈنسە
شۇنى قىلغىن، دېگەن كۈنى دەل مۇشۇ كۈن ئىكەن، دېدى. داۋۇت
قوپۇپ سائۇلنىڭ تونىنىڭ پېشىنى تۇيدۇرماي كېسىۋالدى. 5لېكىن
سائۇلنىڭ تونىنىڭ پېشىنى كەسكىنى ئۈچۈن داۋۇت كۆڭلىدە قاتتىق
ئەپسۇسلاندى. 6ئۇ ئۆز ئادەملىرىگە: ــ پەرۋەردىگار مېنى پەرۋەردىگار
ئۆزى مەسىھ قىلغان غوجامغا بۇنداق قولۇمنى ئۇزارتىشتىن
ساقلىسۇن، چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھلىگىنىدۇر، دېدى.
7شۇ سۆز بىلەن داۋۇت ئۆز ئادەملىرىنى توسۇپ سائۇلغا چېقىلغىلى
قويمىدى. سائۇل بولسا قوپۇپ غاردىن چىقىپ ئۆز يولىغا
كەتتى. 8ئاندىن داۋۇتمۇ تۇرۇپ غاردىن چىقىپ سائۇلنىڭ كەينىدىن: ــ
ئى غوجام پادىشاھ! ــ دەپ چاقىردى. سائۇل كەينىگە قاراۋىدى، داۋۇت
ئېگىلىپ يۈزىنى يەرگە ياققان ھالدا تەزىم قىلدى. 9داۋۇت سائۇلغا
مۇنداق دېدى: ــ «مانا، داۋۇت سېنى قەستلەشكە پۇرسەت ئىزدەۋاتىدۇ،
دەيدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزىگە نېمىشقا قۇلاق سالىلا؟ 10مانا بۈگۈن
ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلىكى، پەرۋەردىگار بۈگۈن غاردا سىلىنى ئۆز
قولۇمغا بەرگەنىدى. بەزىلەر ماڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن، دېدى؛ لېكىن
مەن سىلىنى ئاياپ: ــ غوجامغا قولۇمنى ئۇزارتمايمەن، چۈنكى ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھلىگىنىدۇر، دېدىم. 11قارىسىلا، ئى ئاتا،
قولۇمدىكى تونلىرىنىڭ پېشىگە. سىلىنى ئۆلتۈرمەي تونلىرىنىڭ
پېشىنى كەسكەنلىكىمدىن شۇنى بىلسىلەكى، كۆڭلۈمدە سىلىگە
يا يامانلىق يا ئاسىيلىق يوق، سىلىگە گۇناھ قىلغىنىم يوق، لېكىن
سىلى جېنىمنى ئالغىلى پايلىماقتىلا. 12پەرۋەردىگار مەن بىلەن
سىلىنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم قىلسۇن، مېنىڭ ھېسابىمنى سىلىدىن
پەرۋەردىگار ئالسۇن؛ لېكىن مېنىڭ قولۇم سىلىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. 13
كونىلار: ــ «رەزىللىك رەزىللەردىن چىقىدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن، لېكىن

11:24 **«كۆڭلۈمدە سىلىگە يا يامانلىق يا ئاسىيلىق يوق»** ــ ئىبرانىي تىلدا «قولۇمدا سىلىگە يا يامانلىق يا ئاسىيلىق يوق».

ئۆز قولۇم سىلىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. 14 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى كىمنى
تۇتقىلى چىقتى؟ كىمنى قوغلاپ يۈرىدۇ؟ بىر ئۆلۈك ئىتنى، خالاس!
يالغۇز بىر بۈرگىنى، خالاس! 15 پەرۋەردىگار سوراقچى بولۇپ مەن بىلەن
سىلىنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم چىقارسۇن! ئۇ ھەق-ناھەقنى ئايرىپ،
دەۋايىمنى سوراپ مېنى سىلىنىڭ قوللىرىدىن خالاس قىلىپ، ئادالەت
يۈرگۈزگەي!» ــ دېدى.
16 داۋۇت سائۇلغا بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا سائۇل: ــ بۇ سېنىڭ
ئاۋازىڭمۇ، ئى ئوغلۇم داۋۇت؟ ــ دېدى. ئاندىن سائۇل يۇقىرى ئاۋاز
بىلەن يىغلاپ كەتتى. 17 ئۇ داۋۇتقا: ــ «سەن مەندىن ئادىلسەن،
چۈنكى سەن ماڭا ياخشىلىق قايتۇردۇڭ، لېكىن مەن ساڭا يامانلىق
قايتۇردۇم. 18 سەن بۈگۈن ماڭا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭنى ئوبدان
كۆرسىتىپ بەردىڭ؛ پەرۋەردىگار مېنى قولۇڭغا تاپشۇرغان بولسىمۇ،
سەن مېنى ئۆلتۈرمىدىڭ. 19 بىرسى ئۆز دۈشمىنىنى تاپسا، ئۇنى ئامان-
ئېسەن كەتكىلى قويامدۇ؟ پەرۋەردىگار سېنىڭ ماڭا بۈگۈن قىلغان
ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ياخشىلىق ياندۇرغاي. 20 ئەمدى مانا،
شۇنى بىلدىمكى، سەن جەزمەن پادىشاھ بولىسەن، ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھلىقى سېنىڭ قولۇڭدا تىكلىنىدۇ. 21 لېكىن ھازىر پەرۋەردىگار
بىلەن ماڭا قەسەم قىلغىنكى، مەندىن كېيىن مېنىڭ نەسلىمنى
يوقاتماي، نامىمنى ئاتامنىڭ جەمەتىدىن ئۆچۈرمىگەيسەن»، دېدى.
22 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت سائۇلغا قەسەم قىلدى. سائۇل ئۆز ئۆيىگە يېنىپ
كەتتى؛ داۋۇت ئادەملىرى بىلەن قورغان-قىياغا چىقىپ شۇ يەردە تۇردى.

## ساموئىل ئۆلىدۇ

25 1 ساموئىل ئۆلدى. پۈتكۈل ئىسرائىل يىغىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن
ماتەم تۇتتى؛ ئۇلار ئۇنى ئۇنىڭ راماھدىكى ئۆيىدە دەپنە
قىلدى. داۋۇت بولسا قوبۇپ پاران چۆلىگە باردى.

**1:25** 1سام. 3:28

## داۋۇت، نابال، ئابىگائىل

2 ئەمدى تىرىكچىلىكى كارمەلدە بولغان، مائوندا ئولتۇرۇقلۇق بىر
ئادەم بار ئىدى. بۇ كىشى بەك باي بولۇپ ئۈچ مىڭ قوي، بىر مىڭ
ئۆچكىسى بار ئىدى. ئۇ ئۆز قويلىرىنى كارمەلدە قىرقىۋاتاتتى.
3 ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى نابال بولۇپ، ئايالىنىڭ ئىسمى ئابىگائىل
ئىدى؛ ئايالى ھەم پەم-پاراسەتلىك ھەم ئەپت-تۇرقى چىرايلىق،
لېكىن ئېرى قاتتىق قول ۋە رەزىل ئىدى؛ ئۇ كالەبنىڭ ئەۋلادىدىن
ئىدى.
4 داۋۇت چۆلدە تۇرۇپ نابالنىڭ ئۆز قويلىرىنى قىرقىيدىغانلىقىنى
ئاڭلاپ 5 ئون ياش يىگىتنى ئۇ يەرگە ماڭدۇرۇپ ئۇلارغا: ــ سىلەر
كارمەلگە چىقىپ نابالنىڭ قېشىغا بېرىپ، مەندىن ئۇنىڭغا
سالام ئېيتىڭلار. 6 ئۇنىڭغا: ــ «ياشىغايسەن؛ سىزگە تىنچ-
ئامانلىق بولغاي، ئۆيىڭىزگە تىنچ-ئامانلىق بولغاي، ھەممە
بارلىقىڭىزغا تىنچ-ئامانلىق بولغاي! 7 مەن قىرقىغۇچىلارنىڭ
سىزدە ئىش باشلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. سىزنىڭ پادىچىلىرىڭىز
بىز تەرەپلەردە تۇرغاندا ئۇلارغا ھېچ زەخمە يەتكۈزمىدۇق؛ بىز
كارمەلدە تۇرغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسى يىتىپ كەتمىدى.
8 ئۆز يىگىتلىرىڭىزدىن سورىسىڭىز ئۇلار سىزگە دەپ بېرىدۇ.
شۇڭا بىز قۇتلۇق بىر كۈندە كەلدۇق، شۇڭا يىگىتلىرىمىز
نەزىرىڭىزدە ئىلتىپات تاپسۇن؛ ئۆز قولىڭىزغا نېمە چىقسا
شۇنى كەمىنىلىرىڭىزگە ۋە ئوغلىڭىز داۋۇتقا نېمە چىقسا شۇنى
بەرگەيسىز»، دەڭلار، ــ دېدى.
9 داۋۇتنىڭ يىگىتلىرى ئۇ يەرگە بېرىپ بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى
داۋۇتنىڭ نامىدا ئۇنىڭغا ئېيتىپ ئاندىن جىم تۇرۇپ ساقلىدى.
10 نابال داۋۇتنىڭ خىزمەتكارلىرىغا جاۋاب بېرىپ: ــ داۋۇت دېگەن
كىم؟ يەسسەنىڭ ئوغلى دېگەن كىم؟ بۇ كۈنلەردە ئۆز غوجىلىرىنى
تاشلاپ كېتىۋاتقان خىزمەتكارلار تولا. 11 مەن ئۆزۈمنىڭ يېمەك-

3:25 **«ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى نابال بولۇپ...»** ــ «نابال»نىڭ مەنىسى «ئەخمەق، قوپال».

ئېچمەكلىرىمنى ۋە يۇڭ قىرقىغۇچىلىرىمغا سويغان گۆشنى كەلگەن جايى نامەلۇم بولغان كىشىلەرگە بېرەمدىم؟ ــ دېدى.
[12] داۋۇتنىڭ يىگىتلىرى كەلگەن يولىغا يېنىپ كەتتى. يېنىپ كېلىپ ئۇلار داۋۇتقا ھەممە گەپنى دەپ بەردى. [13] داۋۇت ئۆز ئادەملىرىگە: ــ ھەر بىرىڭلار ئۆز قىلىچىڭلارنى ئېسىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىرى ئۆز قىلىچىنى تاسمىسىغا ئاستى، داۋۇتمۇ ئۆز قىلىچىنى ئاستى. ئاندىن تۆت يۈزچە ئادەم داۋۇت بىلەن چىقتى، ۋە ئىككى يۈز كىشى جابدۇقلار بىلەن قالدى. [14] ئەمما نابالنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئايالى ئابىگائىلغا: ــ داۋۇت ئەلچىلەرنى چۆلدىن غوجىمىزغا سالام بېرىشكە ئەۋەتكەنىكەن؛ لېكىن ئۇ ئۇلارنى تىللاپ كايىپ كەتتى. [15] بۇ ئادەملەر بولسا، بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان. بىز دالادا ئۇلارنىڭ يېنىدا يۈرگەن ۋاقىتلىرىمىزدا بىزگە ھېچ يامانلىق كەلمىدى، بىزنىڭ ھېچ نەرسىمىزمۇ يىتىپ كەتمىگەنىدى. [16] بىز ئۇلارغا يېقىن جايدا قوي باققان ۋاقىتتا ئۇلار كېچە-كۈندۈز بىزگە سېپىلدەك بولغانىدى. [17] ئەمدى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولدىلا، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىشىپ باققايلا. بولمىسا، غوجىمىزغا ۋە پۈتكۈل ئۆيدىكىلىرىگە بىر بالا-قازا كەلمەي قالمايدۇ. ئۇ شۇنچە كاج بىر ئادەمكى، ھېچكىم ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، دېدى.
[18] ئابىگائىل دەرھال ئىككى يۈز نان، ئىككى تۇلۇم شاراب، بەش پىشۇرۇلغان قوي، بەش سېئاھ قوماچ، بىر يۈز كىشمىش پوشكىلى، ئىككى يۈز ئەنجۈر پوشكىلى ئېلىپ ئېشەكلەرگە ئارتىپ [19] ئۆز يىگىتلىرىگە: ــ مېنىڭ ئالدىمدا بېرىڭلار؛ مانا، مەن كەينىڭلاردىن باراي، دېدى. لېكىن ئۇ ئۆز ئېرى نابالغا بۇ ئىشنى دېمىدى. [20] ئۇ

---

11:25 **«يېمەك-ئېچمەكىم»** ــ ئىبرانىي تىلدا «نېنىم ۋە سۈيۈم».

17:25 **«ئۇ شۇنچە كاج بىر ئادەمكى...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇ بېلىئالنىڭ (شەيتاننىڭ) شۇنداق بىر ئوغلىكى...».

18:25 **«بەش سېئاھ قوماچ»** ــ «سېئاھ» ئۆلچەم بىر ئەفاھ، يەنى ئاشلىق-دانلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى ئىدى، تەخمىنەن 9 لىتر.

ئۆز ئېشىكىگە مىنىپ تاغنىڭ ئېتىكىدىن چۈشكەندە، مانا داۋۇت
ئادەملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى.
[21] داۋۇت ئەسلىدە: ــ مەن بۇ كىشىنىڭ مېلىنى چۆلدە بىكاردىن بىكار
قوغداپ، ئۇنىڭ بارلىقىدىن ھېچنېمىنى يىتتۇرگۇزمىگەنىدىم؛ لېكىن
ئۇ ياخشىلىقنىڭ ئورنىدا ماڭا يامانلىق قىلدى. [22] ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن
ئەتىگىچە بىرەر ئەركەكنى قالدۇرۇپ قويسام، خۇدا مەن داۋۇتنى
ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جازالىغاي، دېگەنىدى. [23] ئابىگائىل داۋۇتنى
كۆرۈپ، ئالدىراپ ئېشەكتىن چۈشۈپ، داۋۇتنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ
يۈزىنى يەرگە يېقىپ تەزىم قىلدى؛ [24] ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ
مۇنداق دېدى: ــ «ئى غوجام، بۇ قەبىھلىك ماڭا ھېسابلانسۇن؛ ئەمدى
شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، دېدەكلىرىنىڭ سىلىگە سۆز قىلىشىغا ئىجازەت
قىلىپ، دېدىكلىرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغايلا: [25] ئۆتۈنىمەنكى،
غوجام بۇ رەزىل ئادەم نابالغا پىسەنت قىلمىغايلا؛ چۈنكى ئۇنىڭ
مىجەزى خۇددى ئىسمىغا ئوخشاشتۇر؛ ئۇنىڭ ئىسمى «كاج»،
دەرۋەقە ئۇنىڭدا كاجلىق تولىمۇ ئېغىردۇر. لېكىن مەن دېدەكلىرى
بولسا غوجام ئەۋەتكەن يىگىتلەرنى كۆرمىدىم. [26] ئەمدى ئى غوجام،
پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن ۋە سىنىڭ جېنىڭ بىلەن قەسەم
ئىچىمەنكى، پەرۋەردىگار سىلىنى ئۆز قوللىرى بىلەن قان تۆكۈپ
ئىنتىقام ئېلىشتىن ساقلىدى. ئەمدى دۈشمەنلىرىمۇ، سىلى غوجامغا
يامانلىق قىلماقچى بولغانلارمۇ نابالغا ئوخشاش بولسۇن. [27] ئەمدى
دېدەكلىرى غوجامغا ئېلىپ كەلگەن بۇ سوۋغات بولسا غوجامغا
ئەگەشكەن يىگىتلەرگە تەقسىم قىلىنسۇن.

---

22:25 **«ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن ئەتىگىچە بىرەر ئەركەكنى قالدۇرۇپ قويسام...»** ــ مۇشۇ يەردە «بىرەر ئەركەك» ئىبرانىي تىلىدا «تامغا قاراپ بىرەر سىيگۈچى» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«خۇدا مەن داۋۇتنى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جازالىغاي»** ــ ياكى «خۇدا داۋۇتنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىلغاي» (بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە شۇنداق يېزىلىدۇ).

25:25 **«غوجام بۇ رەزىل ئادەم نابال»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «غوجام بېلىئالنىڭ (شەيتاننىڭ) بۇ ئوغلى نابال» دېيىلىدۇ. **«ئۇنىڭ ئىسمى «كاج»، دەرۋەقە ئۇنىڭدا كاجلىق تولىمۇ ئېغىردۇر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نابال» دېگەننىڭ مەنىسى «كاج».

28 سىلىدىن ئۆتۈنىمەنكى، دېدەكلىرىنىڭ سەۋەنلىكىنى
كەچۈرگەيلا؛ چۈنكى سىلى، ئى غوجام پەرۋەردىگارنىڭ جەڭلىرىنى
قىلىپ كەلگەنلىرى ئۈچۈن، بارلىق كۈنلىرىدە سىلىدە يامانلىق
تېپىلمىغىنى ئۈچۈن پەرۋەردىگار جەزمەن جەمەتلىرىنى مەزمۇت
قىلىدۇ. 29 بىرسى قوپۇپ سىلىنى قوغلاپ جانلىرىنى ئىزدىسە، سىلى
غوجامنىڭ جېنى پەرۋەردىگار خۇدالىرىنىڭ قېشىدىكى تىرىكلەر
خالتىسى ئىچىدە ئورىلىپ ساقلىنىدۇ، لېكىن دۈشمەنلىرىنىڭ
جانلىرىنى بولسا، ئۇ سالغۇغا سېلىپ چۆرۈپ تاشلايدۇ.
30 ئەمدى پەرۋەردىگار سىلى غوجام توغرىسىدا ئېيتقان بارلىق ياخشى
ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، سىلىنى ئىسرائىلغا باش قىلغاندا
شۇنداق بولىدۇكى، 31 سىلى غوجامنىڭ ناھەق قان تۆكمىگەنلىكلىرى
ياكى ئۆز ئىنتىقاملىرىنى ئالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن كۆڭۈللىرىگە
پۇتلىكاشاڭ ياكى دەرد بولمايدۇ. ۋە پەرۋەردىگار غوجامغا نۇسرەت
بەرگىنىدە سىلى ئۆز دېدەكلىرىنى ياد قىلغايلا».
32 داۋۇت ئابىگائىلغا: ــ سېنى بۈگۈن مېنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا
ئەۋەتكەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە
قايتۇرۇلغاي! 33 ئەمدى ئەقىل-پاراسىتىڭگە بارىكاللا، ساڭىمۇ
بارىكاللا! چۈنكى سەن بۈگۈن مېنى ئۆز قولۇم بىلەن قان تۆكۈپ
ئىنتىقام ئېلىشتىن توستۇڭ.
34 لېكىن مېنى ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىغان
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، سەن مېنىڭ ئالدىمغا تېزلىنىپ كەلمىگەن بولساڭ،
نابالنىڭ ئادەملىرىدىن ھېچ ئەركەك ئەتىگىچە تىرىك قالماس ئىدى،
دېدى.
35 ئاندىن داۋۇت ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنى
قولىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا: ــ تىنچ-ئامان ئۆيۈڭگە

34:25 **«نابالنىڭ ئادەملىرىدىن ھېچ ئەركەك ئەتىگىچە تىرىك قالماس ئىدى»** ــ مۇشۇ يەردە «ئەركەك» ئىبرانىي تىلىدا «تامغا قاراپ سىيگۈچى» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بارغىن، مانا سۆزلىرىڭگە قۇلاق سېلىپ، كۆڭلۈڭنى قوبۇل قىلدىم، دېدى.
36 ئابىگائىل نابالنىڭ قېشىغا كەلدى؛ مانا، ئۇ ئۆيىدە شاھانە زىياپەتتەك بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. نابال كۆڭلىدە خۇشال ئىدى ۋە ئىنتايىن مەست بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئابىگائىل ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭغا ھېچ نېمە دېمىدى. 37 لېكىن ئەتىسى نابال مەستلىكتىن يېشىلگەندە ئايالى ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەلەرنى دەپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆلگەندەك بولۇپ، ئۆزى تاشتەك بولۇپ قالدى. 38 ۋە شۇنداق بولدىكى، تەخمىنەن ئون كۈندىن كېيىن نابالنى پەرۋەردىگار ئۇردى ۋە ئۇ ئۆلدى.
39 داۋۇت نابالنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ: ــ پەرۋەردىگار مۇبارەكتۇر. چۈنكى ئۇ مەن نابالدىن تارتقان ھاقارەت ئۈچۈن دەۋايىمنى سوراپ ئۆز قۇلىنى يامانلىقتىن ساقلىدى؛ ئەكسىچە پەرۋەردىگار نابالنىڭ يامانلىقىنى ئۆز بېشىغا ياندۇردى، دېدى. ئاندىن ئابىگائىلنى ئۆز ئەمرىمگە ئالاي دەپ، ئۇنىڭغا سۆز قىلغىلى ئەلچى ماڭدۇردى.
40 داۋۇتنىڭ خىزمەتكارلىرى كارمەلگە ئابىگائىلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ــ سېنى ئەمرىمگە ئالاي دەپ داۋۇت ساڭا سۆز قىلغىلى بىزنى ئەۋەتتى، دېدى.
41 ئابىگائىل بولسا قوپۇپ يۈزىنى يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىپ: ــ مانا، دېدىكىڭ غوجامنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇشقا قۇل بولسۇن، دېدى. 42 ئاندىن ئابىگائىل شۇ ھامان ئۆزىگە ھەمراھ بولغان بەش چۆرىسى بىلەن ئېشەككە مىنىپ داۋۇتنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ ئايالى بولدى.
43 داۋۇت يىزرەئەللىك ئاھىنوئامنى ھەم خوتۇنلۇققا ئالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا خوتۇن بولدى.

---

41:25 **«مانا، دېدىكىڭ غوجامنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇشقا قۇل بولسۇن»** ــ ئىسرائىلدا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە شۇنداق ئادەت باركى، ئۆيگە مېھمان كەلسە، ساھىبخان ياكى خىزمەتكارلىرى ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى يۇيىدۇ.

44 لېكىن سائۇل داۋۇتقا خوتۇن قىلىپ بەرگەن قىزى مىقالنى
گاللىمدىكى لائىشنىڭ ئوغلى فالتىغا خوتۇنلۇققا بەرگەنىدى.

## داۋۇت سائۇلنى يەنە رەھىم قىلىپ ئايايدۇ

26 1 ئەمدى زىفلىقلار گىبېئاھغا سائۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ: ــ
داۋۇت يەشىمونغا يېقىن ھاقىلاھ ئېگىزلىكىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ
ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى.
2 سائۇل قوپۇپ ئىسرائىلدىن خىللانغان ئۈچ مىڭ ئادەمنى ئېلىپ،
زىف چۆلىدە داۋۇتنى ئىزدىگىلى ئۇ يەرگە باردى. 3 سائۇل بولسا يول
بويىدا، يەشىمونغا يېقىن ھاقىلاھ ئېگىزلىكىدە چېدىر تىكتى. داۋۇت
چۆلدە تۇرۇۋاتاتتى؛ ئۇ سائۇلنىڭ چۆلگە ئۆز كەينىدىن چىققىنىدىن
خەۋەر تاپقاندا 4 داۋۇت پايلاقچىلارنى ماڭدۇرۇپ سائۇلنىڭ راستلا
كەلگەنلىكىنى بىلدى. 5 داۋۇت قوپۇپ سائۇل چېدىر تىككەن جايغا
باردى؛ ئۇ سائۇل بىلەن قوشۇن سەردارى، نەرنىڭ ئوغلى ئابنەر ياتقان
يەرنى كۆردى. سائۇل بولسا قوشۇن ئىستىھكامى ئىچىدە ئۇخلاپ
ياتقانىدى، ئادەملىرى چېدىرلىرىنى ئۇنىڭ ئەتراپىغا تىككەنىدى.
6 داۋۇت ئەمدى ھىتتىيلاردىن بولغان ئاخىمەلەك ۋە يوئابنىڭ ئىنىسى
زەرۇئىيانىڭ ئوغلى ئابىشايغا: ــ كىم مەن بىلەن لەشكەرگاھغا
چۈشۈپ، سائۇلنىڭ يېنىغا بارىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئابىشاي: ــ مەن
سېنىڭ بىلەن باراي، دېدى.
7 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ۋە ئابىشاي كېچىدە قوشۇن بار يەرگە
بېرىۋىدى، مانا سائۇل قوشۇن ئىستىھكامى ئىچىدە ئۇخلاپ
ياتقانىدى؛ ئۇنىڭ نەيزىسى تەكىيىسىنىڭ يېنىدا يەرگە
قاداقلىق تۇراتتى؛ ئابنەر بىلەن ئادەملىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا
ياتاتتى. 8 ئابىشاي داۋۇتقا: ــ خۇدا بۈگۈن دۈشمىنىڭنى قولۇڭغا
تاپشۇردى. سەندىن ئۆتۈنىمەنكى، ماڭا نەيزە بىلەن بىرلا سانجىپ

**44:25** 2سام. 15:3

ئۇنى يەرگە قاداپ قويۇشقا ئىجازەت بەرگەيسەن! ئىككى قېتىم
سانجىشىمنىڭ لازىمى يوقتۇر، دېدى.
9 داۋۇت ئابىشايغا: ــ ئۇنى يوقاتمىغىن. كىم پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھ
قىلغىنىغا قول ئۇزىتىپ گۇناھغا تارتىلمىغان؟ ــ دېدى.
10 داۋۇت يەنە: ــ پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
پەرۋەردىگار جەزمەن ئۇنى ئۇرىدۇ؛ يا ئۇنىڭ ئۆلىدىغان كۈنى
كېلىدۇ يا ئۇ جەڭگە چۈشۈپ ھالاك بولىدۇ. 11 پەرۋەردىگار مېنى
پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھلىگىنىگە قول ئۇزىتىشىدىن ساقلىغاي!
ئەمما ئۇنىڭ بېشىدىكى نەيزە بىلەن سۇ ئىدىشىنى ئالغىن، ئاندىن
كېتەيلى، دېدى. 12 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت نەيزە بىلەن ئىدىشنى
سائۇلنىڭ بېشىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ، ئىككىسى چىقىپ كەتتى.
ئەمما ھېچكىم كۆرمىدى، تۇيۇپمۇ قالمىدى ھەم ئويغىنىپ كەتمىدى،
بەلكى ھەممىسى ئۇخلاۋەردى؛ چۈنكى پەرۋەردىگار بىر قاتتىق ئۇيقۇنى
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەنىدى.
13 داۋۇت ئۇدۇلدىكى تەرەپكە ئۆتۈپ يىراقراق بىر دۆڭنىڭ تۆپىسىدە
تۇردى؛ ئۇلارنىڭ ئارىلىقى يىراق ئىدى. 14 داۋۇت قوشۇن بىلەن نەرنىڭ
ئوغلى ئابنەرگە توۋلاپ: ــ جاۋاب بەرمەمسەن، ئى ئابنەر! ــ دېدى.
ئابنەر: ــ پادىشاھقا توۋلىغۇچى كىم سەن؟ ــ دېدى.
15 داۋۇت ئابنەرگە: ــ سەن باتۇر ئەمەسمۇ؟ ئىسرائىلدا ساڭا كىم تەڭ
كېلەلەيدۇ؟ نېمىشقا غوجاڭ پادىشاھنى قوغدىمىدىڭ؟ چۈنكى
خەلقتىن بىر كىشى غوجاڭ پادىشاھنى ھالاك قىلغىلى كىرىپتۇ.
16 سېنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭ ياخشى ئەمەس! پەرۋەردىگارنىڭ
ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەرۋەردىگار مەسىھ قىلغان
غوجاڭلارنى قوغدىمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىق بولدۇڭلار.
ئەمدى پادىشاھنىڭ نەيزىسى ۋە بېشىنىڭ يېنىدىكى سۇ ئىدىشىنىڭ
قەيەردىلىكىگە قاراپ بېقىڭلار، دېدى.
17 سائۇل داۋۇتنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ: ــ بۇ سېنىڭ ئاۋازىڭمۇ، ئى ئوغلۇم
داۋۇت! ــ دېدى. داۋۇت: ــ ئى غوجام پادىشاھ، بۇ مېنىڭ ئاۋازىمدۇر، دېدى.

18 ئۇ يەنە: ــ نېمىشقا غوجام ئۆز قۇلىنى مۇنداق قوغلايدۇ؟ مەن نېمە
قىلىپتىمەن؟ قولۇمدا نېمە يامانلىق بار؟ 19 ئەمدى غوجام پادىشاھ
ئۆز قۇلىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغاي. پەرۋەردىگار سىلىنى ماڭا قارشى
قوزغاتقان بولسا بىر ھەدىيە-قۇربانلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى رازى قىلغاي؛
لېكىن ئىنسان بالىلىرى بولسا، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا لەنەتكە
قالسۇن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەمدى مېنى پەرۋەردىگارنىڭ مىراسىدىن
بەھرىمەن بولۇشتىن مەھرۇم قىلىپ، مېنى باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت
قىل، دېگىنى بولىدۇ. 20 ئەمدى مېنىڭ قېنىم پەرۋەردىگارنىڭ
ھۇزۇرىدىن يىراق يەرگە تۆكۈلمىسۇن؛ چۈنكى تاغلاردا بىر كەكلىكنى
ئوۋلىغاندەك ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىر يالغۇز بۈرگىنى ئىزدىگىلى
چىقىپتۇ، دېدى.
21 سائۇل: ــ مەن گۇناھ قىلدىم؛ يېنىپ كەلگىن ئى ئوغلۇم داۋۇت؛
مېنىڭ جېنىم بۈگۈن كۆزلىرىڭدە ئەزىز سانالغىنى ئۈچۈن مەن ساڭا
بۇندىن كېيىن ھېچ زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمەن؛ مانا، ئەخمەقلىق
قىلدىم، بەك ئېزىپتىمەن، دېدى.
22 داۋۇت جاۋاب بېرىپ: ــ مانا پادىشاھنىڭ نەيزىسى، غۇلاملاردىن
بىرى كېلىپ ئۇنى ياندۇرۇپ ئالسۇن. 23 پەرۋەردىگار ھەر
ئادەمنىڭ ھەققانىيلىقى بىلەن سادىقلىقىغا قاراپ ياندۇرغاي.

---

19:26 **«... پەرۋەردىگار سىلىنى ماڭا قارشى قوزغاتقان بولسا بىر ھەدىيە-قۇربانلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى رازى قىلغاي...»** ــ مەنىسى: (1) داۋۇت مەلۇم يامانلىق قىلغان بولسا، پەرۋەردىگار ئۇنى قۇربانلىق ئارقىلىق كەچۈرۈم قىلىدۇ؛ (2) پەرۋەردىگار سائۇلنى جازالاش ئۈچۈن ئۇنى داۋۇتقا قارشى چىقىشقا قوزغىغان بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ قۇربانلىق ئارقىلىق سائۇلنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. **«چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەمدى مېنى پەرۋەردىگارنىڭ مىراسىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن مەھرۇم قىلماقچى...»** ــ مۇشۇ يەردە «پەرۋەردىگارنىڭ مىراسى»: (1) خۇدا ئىسرائىلغا ۋەدە قىلغان قانائان زېمىنىنى؛ (2) خۇدانىڭ ئىبادەت چېدىرىدىكى تۈزۈمى ئارقىلىق بولغان كۆپ ئىمتىيازلاردىن، جۈملىدىن كاھىن-لاۋىيلار ئارقىلىق خۇدانىڭ تەلىم-كالامىنى ئاڭلاشتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«ئۇلارنىڭ مېنى باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىل، دېگىنى بولىدۇ»** ــ داۋۇت ئۆزى ئىسرائىلنىڭ زېمىنىدا تۇرمىغان بولغاچقا، خۇدانىڭ ئىبادەت چېدىرىغا بارالمايدۇ.

**20:26** 1سام. 15:24

چۈنكى بۈگۈن پەرۋەردىگار سىلىنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇردى، لېكىن مەن پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھلىگىنىگە قول ئۇزىتىشنى خالىمىدىم. [24] مانا، بۈگۈن سىلىنىڭ جانلىرى مېنىڭ كۆزلىرىمدە ئەزىز بولغاندەك مېنىڭ جېنىم پەرۋەردىگارنىڭ كۆزىدە ئەزىز بولغاي، ئۇ مېنى ھەممە ئاۋارىچىلىكتىن قۇتقۇزغاي، دېدى.
[25] سائۇل داۋۇتقا: ــ ئەي ئوغلۇم داۋۇت، بەرىكەتلەنگەيسەن. سەن جەزمەن ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىسەن، ئىشلىرىڭ جەزمەن راۋاجلىق بولىدۇ، دېدى. ئاندىن داۋۇت ئۆز يولىغا كەتتى، سائۇلمۇ ئۆز جايىغا يېنىپ باردى.

## داۋۇت فىلىستىيلەرگە قوشۇلىدۇ

27 [1] داۋۇت كۆڭلىدە: ــ ھامان بىر كۈنى سائۇلنىڭ قولىدا ھالاك بولىدىغان ئوخشايمەن. شۇڭا فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىغا تېزدىن قېچىپ كېتىشىمدىن باشقا ئامال يوق. شۇنداق قىلسام سائۇل ئىسرائىل زېمىنى ئىچىدە مېنى تېپىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئىزدەشتىن قول ئۈزىدۇ، ۋە مەن ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلىمەن، دەپ ئويلىدى. [2] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت قوپۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئالتە يۈز ئادەمنى ئېلىپ گاتنىڭ پادىشاھى مائوقنىڭ ئوغلى ئاقىشنىڭ قېشىغا باردى. [3] ئەمدى داۋۇت ۋە ئادەملىرى، يەنى ھەربىرى ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە گاتتا ئاقىش بىلەن تۇردى. داۋۇت ئىككى ئايالى، يەنى يىزرەئەللىك ئاھىنوئام ۋە نابالنىڭ تۇل خوتۇنى كارمەللىك ئابىگائىل بىلەن بىللە شۇ يەردە تۇردى.
[4] سائۇل: ــ داۋۇت گاتقا قېچىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنى يەنە ئىزدەپ يۈرمىدى.
[5] داۋۇت ئاقىشقا: ــ ئەگەر كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپقان بولسام، ئولتۇرۇشۇم ئۈچۈن سەھرادىكى بىر شەھەردىن بىرگە بىر جاي بەرگەيلا؛ قۇلۇڭ قانداقمۇ شاھانە شەھەردە سىلىنىڭ قاشلىرىدا تۇرسۇن، دېدى.
[6] ئۇ كۈنى ئاقىش ئۇنىڭغا زىكلاگ شەھىرىنى بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن

زىكلاگ بۈگۈنكى كۈنگىچە يەھۇدا پادىشاھلىرىغا تەۋە بولۇپ
كەلمەكتە. [7] داۋۇت فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىدا تۇرغان ۋاقىت بىر يىل
تۆت ئاي بولدى.
[8] داۋۇت بولسا ئۆز ئادەملىرى بىلەن چىقىپ گەشۇرىيلارغا، گەزرىيلەرگە
ۋە ئامالەكلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ تۇراتتى
(چۈنكى ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ شۇرغا كىرىش يولىدىن تارتىپ
مىسىر زېمىنىغىچە بولغان شۇ يۇرتتا تۇراتتى). [9] داۋۇت ھەرقېتىم
زېمىندىكىلەرنى قىرىپ ئەر ياكى ئايال بولسۇن، بىرىنىمۇ تىرىك
قالدۇرمايتتى ۋە قوي، كالا، ئېشەك، تۆگە ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى
ئېلىپ ئاقىشنىڭ يېنىغا يېنىپ كېلەتتى.
[10] ئاقىش: — بۈگۈن قايسى جايلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدىڭلار،
دەپ سورايتتى؛ داۋۇت: — يەھۇدا زېمىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىنى،
يەراھمىيەللىكلەرنىڭ جەنۇب تەرىپىنى ۋە كېنىيلەرنىڭ جەنۇب
تەرىپىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇق، دەيتتى.
[11] داۋۇت ئەر ياكى ئاياللارنىڭ بىرىنىمۇ گاتقا تىرىك ئېلىپ كەلمەيتتى؛
چۈنكى ئۇ: — ئۇلار بىزنىڭ توغرىمىزدىن، «داۋۇت ئۇنداق-مۇنداق
قىلدى» دەپ گەپ قىلىشى مۇمكىن، دەيتتى. داۋۇت فىلىستىيلەرنىڭ
زېمىنىدا تۇرغان ۋاقتىدا ئۇ دائىم شۇنداق قىلاتتى.
[12] شۇڭا ئاقىش داۋۇتقا ئىشەندى: — «ئەمدى ئۇ خەلقى ئىسرائىلنى
ئۆزىدىن سەسكەندۈرۈۋەتتى؛ مېنىڭ خىزمىتىمدە مەڭگۈ قۇل
بولىدۇ»، دەپ ئويلىدى.

## ئەن-دوردىكى جادۇگەر ئايال

28 [1] ئۇ كۈنلەردە فىلىستىيلەر ئىسرائىلغا قارشى جەڭ قىلىش
ئۈچۈن ئۆز قوشۇنلىرىنى يىغدى. ئاقىش داۋۇتقا: — بىلىشىڭ
كېرەككى، ئادەملىرىڭنى ئېلىپ مېنىڭ بىلەن جەزمەن جەڭگە
چىقىشىڭ لازىم، دېدى.

2 داۋۇت ئاقىشقا: ــ ئۇنداقتا سىلى قۇللىرىنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقىنى
بىلىپ قالىسىلا ــ دېدى. ئاقىش داۋۇتقا: ــ مانا، سېنى ئۆزۈمگە مەڭگۈلۈك
پاسىبان قىلاي، دېدى.
3 (سامۇئىل ئۆلگەنىدى ۋە پۈتكۈل ئىسرائىل ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم
تۇتۇپ ئۇنى ئۆز شەھىرى بولغان راماھدا دەپنە قىلغانىدى. سائۇل
بولسا جىنكەشلەر بىلەن پالچىلارنى زېمىندىن قوغلاپ چىقاردى).
4 فىلىستىيلەر توپلىشىپ چىقىپ شۇنەمدە چېدىر تىكتى. سائۇلمۇ
ھەم پۈتكۈل ئىسرائىلنى يىغىپ، گىلبوئاھدا چېدىر تىكتى. 5 سائۇل
ئەمدى فىلىستىيلەرنىڭ قوشۇن بارگاھىنى كۆرگەندە قورقۇپ،
يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتتى.
6 سائۇل پەرۋەردىگاردىن يول سورىدى؛ لېكىن پەرۋەردىگار يا چۈش
بىلەن يا «ئۇرىم» بىلەن يا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا جاۋاب
بەرمىدى.
7 شۇنىڭ بىلەن سائۇل خىزمەتكارلىرىغا: ــ ماڭا پالچى جىنكەش
بىر خوتۇننى تېپىپ بېرىڭلار، مەن بېرىپ ئۇنىڭدىن يول سوراي،
دېدى. خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا: ــ ئەن-دوردا جىنكەش بىر خوتۇن بار
ئىكەن، دېدى. 8 سائۇل نىقابلىنىپ، باشقا كىيىملەرنى كىيىپ ئىككى
ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ باردى. ئۇلار كېچىسى بېرىپ خوتۇننىڭ
قېشىغا كەلدى. ئۇ خوتۇنغا: ــ ماڭا جىن چاقىرىپ پال ئېچىپ، مەن

---

**3:28 «سائۇل بولسا جىنكەشلەر بىلەن پالچىلارنى زېمىندىن قوغلاپ چىقاردى»** ــ مۇشۇ يەردە «جىنكەشلەر» ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرىنى چاقىرغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق ھەرىكەتلەر تەۋراتتا قاتتىق مەنئى قىلىنغان؛ ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق قىلغان كىشىلەر دائىم دېگۈدەك جىنلار تەرىپىدىن ئالدىنىپ كېتىدۇ.

**3:28** 1سام. 1:25

**6:28 «پەرۋەردىگار يا چۈش بىلەن يا «ئۇرىم» بىلەن ... ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى»** ــ «ئۇرىم» بىرخىل تاش. ئۇ كاھىن كىيگەن «ئەفود»نىڭ يانچۇقىدا تۇرىدۇ. بۇ تاشلار ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقى خۇدادىن يول سورىسا بولاتتى. «مىس.» 28:28-30نى كۆرۈڭ.

**7:28 «ماڭا پالچى جىنكەش بىر خوتۇننى تېپىپ بېرىڭلار»** ــ «پالچى جىنكەش خوتۇن» ئىبرانىي تىلىدا: «پالچى جىنى بار خوتۇن» ياكى «پالچى جىننى چاقىرغۇچى خوتۇن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا چاپلاشقان جىن خېلى كۈچلۈك ئىكەن، دېگەننى پۈرىتىدۇ.

دېگەن بىرسىنى قېشىمغا كەلتۈرگىن، دېدى.
9 خوتۇن ئۇنىڭغا: ــ مانا، سائۇلنىڭ قىلغانلىرىنى، يەنى زېمىندىن
جىنكەشلەرنى ۋە پالچىلارنى يوقاتقانلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن؛
نېمىشقا مېنى ئۆلتۈرۈشكە جېنىمغا تۇزاق قويىسەن، دېدى.
10 سائۇل ئۇنىڭغا پەرۋەردىگار بىلەن قەسەم قىلىپ: ــ پەرۋەردىگارنىڭ
ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئىش ئۈچۈن ساڭا جازا بولمايدۇ،
دېدى.
11 خوتۇن: ــ ساڭا كىمنى چىقىرىمەن؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ: ــ ماڭا
سامۇئىلنى چىقارغىن، دېدى.
12 خوتۇن سامۇئىلنى كۆرگەندە قاتتىق ئاۋاز بىلەن چىرقىرىدى،
ئاندىن سائۇلغا: ــ نېمىشقا مېنى گوللايسەن؟ سەن ئۆزۈڭ سائۇلغۇ!
ــ دېدى.
13 پادىشاھ ئۇنىڭغا: ــ قورقمىغىن! نېمىنى كۆردۈڭ؟ ــ دېدى. ئۇ
سائۇلغا: ــ مەن بىر ئىلاھنىڭ يەردىن چىققىنىنى كۆردۈم، دېدى.
14 ئۇ: ــ ئۇنىڭ قىياپىتى قانداق ئىكەن؟ دېدى. خوتۇن: ــ قېرى بىر
بوۋاي چىقىۋاتىدۇ؛ ئۇ يېپىنچا كىيگەنىكەن، دېدى. سائۇل: ــ ئۇ
سامۇئىل ئىكەن، دەپ بىلىپ، يۈزىنى يەرگە يېقىپ تەزىم قىلدى.
15 سامۇئىل سائۇلغا: ــ نېمىشقا مېنى ئاۋارە قىلىپ چىقاردىڭ؟ ــ
دېدى. سائۇل: ــ مەن تولىمۇ پەرىشان بولدۇم؛ چۈنكى فىلىستىيلەر
ماڭا قارشى جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ۋە خۇدا مەندىن يىراقلاپ، ماڭا
ياكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ياكى چۈشلەر ئارقىلىق ھېچ جاۋاب
بەرمەيۋاتىدۇ. شۇڭا مېنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ماڭا
بىلدۈرگەيسەن دەپ، سېنى چاقىردىم، دېدى.
16 سامۇئىل: ــ پەرۋەردىگار سەندىن يىراقلاپ، دۈشمىنىڭ بولغاندىن
كېيىن نېمىشقا مەندىن مەسلىھەت سورايسەن؟ ــ دېدى.
17 ــ پەرۋەردىگار ئۆزى ئۈچۈن مەن ئارقىلىق ئېيتقىنىنى قىلدى؛
پەرۋەردىگار پادىشاھلىقنى قولۇڭدىن يىرتىپ ئېلىپ، قوشناڭغا، يەنى

**داۋۇتقا بەردى. [18] سەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۇنىڭ
ئامالەكلەرگە قاراتقان قاتتىق غەزىپىنى يۈرگۈزمىگىنىڭ ئۈچۈن
پەرۋەردىگار بۈگۈن ساڭا شۇ ئىشنى قىلدى. [19] پەرۋەردىگار ئۆزۈڭ
بىلەن ئىسرائىلنىمۇ فىلىستىيلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ؛ ئەتە
سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ مېنىڭ بىلەن بىللە بولىسىلەر؛ ۋە پەرۋەردىگار
ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىنىمۇ فىلىستىيلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ،
دېدى.**

**[20] سائۇل شۇئان يەرگە دۈم يىقىلدى، سامۇئىلنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق
قورقۇپ كەتتى؛ بىر كېچە-كۈندۈز تاماقمۇ يېمىگەچكە، ماغدۇرىمۇ
قالمىدى.**

**[21] ئايال ئەمدى سائۇلنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ تولىمۇ پەرىشان
بولغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: ــ مانا، دېدەكلىرى جېنىنى ئالقىنىغا
ئېلىپ قويۇپ تاپىلىغانلىرىغا بىنائەن قىلدىم. [22] ئەمدى سىلىدىن
ئۆتۈنىمەن، دېدىكلىرىنىڭ سۆزىگە كىرگەيلا؛ مېنى سىلىنىڭ
ئالدىلىرىغا بىر چىشلەم نان كەلتۈرۈشكە ئۇنىغايلا؛ شۇنىڭ بىلەن
سىلى يەپ قۇۋۋەت تېپىپ ئاندىن ئۆز يوللىرىغا كېتەلەيلا، دېدى.**

**[23] لېكىن ئۇ رەت قىلىپ: ــ يېمەيمەن، دەپ ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ
خىزمەتكارلىرى ھەم ئايالمۇ يېيىشنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتى؛ ئۇ
يەردىن قوپۇپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. [24] ئايالنىڭ ئۆيىدە بىر بورداق موزاي
بار ئىدى. ئۇ دەرھال ئۇنى سويدى؛ ھەم خېمىر يۇغۇرۇپ پېتىر نان
پىشۇرۇپ بەردى. [25] ئۇ ئۇنى سائۇل بىلەن خىزمەتكارلىرىنىڭ ئالدىغا
قويدى. ئۇلار يەپ بولۇپ، شۇ كېچىسى كەتتى.**

---

17:28 **«پەرۋەردىگار ئۆزى ئۈچۈن مەن ئارقىلىق ئېيتقىنىنى قىلدى؛ پەرۋەردىگار پادىشاھلىقنى ... قوشناڭغا، يەنى داۋۇتقا بەردى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، سامۇئىل ئەسلىدە سائۇلغا: «پەرۋەردىگار بۈگۈن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقىنى سەندىن يىرتىپ ئېلىپ سەندىن ئەۋزەل بولغان بىر يېقىنىڭغا تاپشۇردى» دەپ خۇدانىڭ جازاسىنى ئۇقتۇرغانىدى (28:15).

## فىلىستىي ئەمىرلەر داۋۇتنى ئۆز سېپىدىن چىقىرىۋېتىدۇ

29
1 فىلىستىيلەر ھەممە قوشۇنلىرىنى يىغىپ ئافەكتە جەم
قىلدى؛ ئىسرائىللار يىزرەئەلدىكى بۇلاقنىڭ يېنىدا چېدىر
تىكتى. 2 فىلىستىيلەرنىڭ سەردارلىرى يۈز ياكى مىڭدىن ئەسكەرنى
باشلاپ، سەپ تىزىپ كەلدى؛ ئۇلارنىڭ كەينىدىن داۋۇت ئۆز ئادەملىرىنى
باشلاپ ئاقىش بىلەن چىقىپ سەپ تۈزدى.
3 فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى: — بۇ ئىبرانىيلار بۇ يەردە نېمە ئىش
قىلىدۇ؟ — دېدى. ئاقىش فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرىگە: — بۇ
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى سائۇلنىڭ خىزمەتكارى داۋۇت ئەمەسمۇ؟ ئۇ
بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن، بىرنەچچە يىللاردىن بېرى مەن بىلەن تۇرغان
ئەمەسمۇ؟ ئۇ ماڭا كەلگەن كۈندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە ئۇنىڭدىن
ھېچ ئەيىب بايقىمىدىم، دېدى.
4 ئەمما فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندى.
فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى ئۇنىڭغا: — ئۇنى قايتۇرۇۋەت! بۇ كىشى
سەن ئۆزۈڭ ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرغان جايغا كەتسۇن؛ بىز بىلەن بىللە
سوقۇشقا چۈشمىسۇن، بولمىسا، ئۇ سوقۇشتا بىزگە رەقىب بولۇپ
قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئادەم ئۆز غوجىسى بىلەن نېمىسى ئارقىلىق
يارىشىدۇ؟ بۇ ئادەملەرنىڭ باشلىرىنى ئېلىش بىلەن بولمامدۇ؟ 5 بۇ
قىز-ئاياللار بۇرۇن ئۇنىڭ توغرىسىدا ئۇسسۇل ئويناپ قوشاق قېتىپ:
— سائۇل مىڭلاپ ئۆلتۈردى، ۋە داۋۇت ئون مىڭلاپ ئۆلتۈردى، دېگەن
داۋۇت ئەمەسمۇ؟ — دېدى.
6 ئاقىش داۋۇتنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: — پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن
قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، سەن دۇرۇس ئادەمسەن، سېنىڭ مېنىڭ
بىلەن لەشكەرگاھتا خىزمەتتە بولۇشۇڭ كۆزلىرىمدە ياخشى ئىشتۇر؛
چۈنكى ماڭا كەلگەن كۈندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە سەندىن ھېچ

---

**4:29** 1تار. 20:12

**5:29** 1سام. 7:18

ياماندلىق بايىقمىدىم. لېكىن سەن ئەمىرلەرگە ياقماپسەن. [7] شۇڭا
تىنچ-ئامان يېنىپ كەتكىن، بولمىسا فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرىنى
نارازى قىلىپ قويىسەن، دېدى.
[8] داۋۇت ئاقىشقا: ــ مەن نېمە قىلدىم؟ سىلىنىڭ قاشلىرىغا كەلگەن
كۈندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە قىلغان قايسى ياماندلىقىم ئۈچۈن مېنى
غوجام پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن سوقۇشقىلى بارغۇزمايلا؟ ــ
دېدى.
[9] ئاقىش داۋۇتقا جاۋاب بېرىپ: ــ كۆزلىرىمدە خۇدانىڭ بىر
پەرىشتىسىدەك ماڭا ياخشى ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. لېكىن
فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى سېنى بىز بىلەن بىللە جەڭگە
چىقمىسۇن دەۋاتىدۇ، دېدى.
[10] شۇڭا ئەتە سەھەردە قوپۇڭلار، ئۆزۈڭ ۋە بىللە كەلگەنلەر، يەنى مەن
خوجاڭنىڭ خىزمەتكارلىرى؛ سەھەردە قوپۇڭلار، تاڭ يورۇشى بىلەنلا
چىقىپ كېتىڭلار، دېدى.
[11] شۇڭا داۋۇت ئۆز ئادەملىرى بىلەن سەھەردە تۇرۇپ فىلىستىيلەرنىڭ
زېمىنىغا ماڭدى. فىلىستىيلەر بولسا يىزرەئەلگە چىقتى.

## داۋۇت ئامالەكلەردىن بالا-چاقىلىرىنى قۇتقۇزىدۇ

30 [1] شۇنداق بولدىكى، داۋۇت ۋە ئادەملىرى ئۈچىنچى كۈنى
زىكلاگقا يېتىپ كەلدى؛ مانا، ئامالەكلەر جەنۇب تەرەپكە
ۋە زىكلاگقا ھۇجۇم قىلىپ، زىكلاگنى ۋەيران قىلىپ ئوت قويۇپ
كۆيدۈرگەنىدى. [2] ئۇلار شەھەردىكى قىز-ئاياللارنى، چوڭ بولسۇن،
كىچىك بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلاردىن
ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەي، ھەممىسىنى ئېلىپ، يولىغا چىققانىدى.
[3] داۋۇت ئۆز ئادەملىرى بىلەن شەھەرگە كەلگەندە، مانا، شەھەر

6:29 **«سېنىڭ مېنىڭ بىلەن لەشكەرگاھتا خىزمەتتە بولۇشۇڭ...»** ــ ئىبرانىي تىلدا
«سېنىڭ مېنىڭ بىلەن لەشكەرگاھقا كىرىپ-چىقىشىڭ».

ئاللىقاچان كۆيۈپ تۈگىگەنىدى؛ ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە ئوغۇل-
قىزلىرى ئەسىرگە ئېلىنغانىدى. [4] ئەمدى داۋۇت ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە
بولغان خەلق قاتتىق يىغا-زار كۆتۈرۈشتى، تاكى ماغدۇرى قالمىغۇچە
يىغلاشتى. [5] داۋۇتنىڭ ئىككى ئايالى، يىزرەئەللىك ئاھىنوئام بىلەن
كارمەللىك نابالدىن تۇل قالغان ئابىگائىلمۇ ئەسىرگە ئېلىنغانىدى.
[6] داۋۇت قاتتىق ئازابلاندى؛ چۈنكى بارلىق خالايىق، ھەربىرى ئۆز
ئوغۇل-قىزلىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ غەزەپلىنىپ ئۇنى چالما-كېسەك
قىلىپ ئۆلتۈرەيلى، دېيىشىۋاتاتتى. ئەمما داۋۇت ئۆزىنى خۇداسى
پەرۋەردىگاردىن كۈچ-قۇۋۋەتلەندۈردى.
[7] داۋۇت ئاخىمەلەكنىڭ ئوغلى كاھىن ئابىياتارغا: ــ ئەفودنى يېنىمغا
ئېلىپ كەلگىن، دېدى.
[8] داۋۇت پەرۋەردىگاردىن: ــ بۇ قوشۇننى قوغلايمۇ؟ ئۇلارغا
يېتىشەلەرمەنمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ: ــ قوغلا؛ سەن جەزمەن ئۇلارغا
يېتىشىۋالىسەن ھەم ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيسەن، دېدى.
[9] داۋۇت ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئالتە يۈز ئادەم بېرىپ بېسور
ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، كەينىدە سۆرۈلۈپ قالغانلار شۇ يەردە
قالدى. [10] داۋۇت ئۆزى تۆت يۈز ئادەم بىلەن داۋاملىق قوغلاپ ماڭدى؛
ئىككى يۈز ئادەم ھالسىراپ كەتكەچكە، بېسور ۋادىسىدىن ئۆتەلمەي
كەينىدە قالغانىدى.
[11] ئۇلار دالادا مىسىرلىق بىر ئادەمنى ئۇچراتتى. ئۇلار ئۇنى داۋۇتنىڭ
قېشىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا نان بېرىپ يېگۈزدى، سۇ ئىچكۈزدى؛
[12] ئۇنىڭغا بىر پارچە ئەنجۈر پوشكىلى بىلەن ئىككى كىشمىش
پوشكىلىنىمۇ بەردى. ئۇ بۇلارنى يەپ، ئۇنىڭغا قايتىدىن جان كىردى؛
چۈنكى ئۇ ئۈچ كېچە-كۈندۈز نان يېمىگەن، سۇمۇ ئىچمىگەنىدى.
[13] داۋۇت ئۇنىڭدىن: ــ سەن كىمگە تەۋە؟ سەن قەيەرلىكسەن؟ ــ دەپ
سورىدى. ئۇ: ــ مەن مىسىرلىق يىگىت بولۇپ، بىر ئامالەكنىڭ قۇلىمەن.
لېكىن مەن ئۈچ كۈن ئىلگىرى كېسەل بولۇپ قالغاچقا، غوجام مېنى

7:30 **«ئەفودنى يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن»** ــ «ئەفود» توغرۇلۇق 18:2دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

تاشلىۋەتتى. [14] بىز ئەسلى كەرەتىيلەرنىڭ يۇرتىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ۋە
يەھۇدا زېمىنىغا ۋە كالەبنىڭ زېمىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىپ
بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇق؛ شۇنداقلا زىكلاگنى كۆيدۈرۈۋەتكەنىدۇق، دېدى.
[15] داۋۇت ئۇنىڭدىن: ــ بىزنى ئۇ دۈشمەن قوشۇنى تەرەپكە باشلاپ
بارالامسەن، دېدى. ئۇ: ــ خۇدانىڭ نامى بىلەن مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن،
سېنى غوجاڭنىڭ قولىغىمۇ تۇتۇپ بەرمەيمەن دەپ قەسەم قىلسىلا،
سىلىنى ئۇ قوشۇننىڭ قېشىغا باشلاپ باراي، دېدى.
[16] ئۇنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارغاندا، مانا ئۇلار پۈتكۈل يەرگە يېيىلىپ،
يەپ-ئىچىپ فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىدىن ھەم يەھۇدا زېمىنىدىن
ئالغان چوڭ ئولجىلىرىدىن خۇش بولۇپ ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتاتتى.
[17] ئەمما داۋۇت شۇ كۈنى گۇگۇمدىن تارتىپ ئىككىنچى كۈنى كەچكىچە
ئۇلارنى ئۇرۇپ قىردى. تۆگىگە مىنىپ بەدەر قاچقان تۆت يۈز يىگىتتىن
باشقا ھېچبىر ئادەم قېچىپ قۇتۇلمىدى؛ [18] ۋە داۋۇت ئامالەكلەر
بۇلىۋالغان ھەممە نەرسىنى ياندۇرۇپ ئالدى؛ ئۆزىنىڭ ئىككى
ئايالىنىمۇ قۇتقۇزۇۋالدى. [19] ئامالەكلەر ئېلىپ كەتكەن ئوغۇل-قىز،
مال-مۈلۈكلەر ۋە باشقا ھەممە نەرسىنى داۋۇت ئۇلاردىن قايتۇرۇۋالدى.
ھېچنېمە، چوڭ بولسۇن كىچىك بولسۇن چۈشۈپ قالمىغانىدى.
[20] داۋۇتنىڭ ئادەملىرى قايتۇرۇۋالغان ماللىرىنىڭ ئالدىغا ئولجا
ئالغان باشقا قوي ۋە كالا پادىلارنى سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇنىڭ ئادەملىرى كېتىۋېتىپ: ــ بۇلار داۋۇتنىڭ ئولجىسى، دېيىشتى؛
داۋۇت ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ئالدى.
[21] داۋۇت ھالسىزلىنىپ ئۆزى بىلەن بىللە بارالمىغان بېسور ۋادىسىنىڭ
بويىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىككى يۈز ئادەمنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى؛
ئۇلار داۋۇت ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئالدىغا چىقتى،
داۋۇت خەلقنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا سالام قىلدى.

---

20:30 **«داۋۇتنىڭ ئادەملىرى قايتۇرۇۋالغان ماللىرىنىڭ ئالدىغا ... باشقا قوي ۋە كالا پادىلارنى سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى»** ــ بەلكىم ئامالەكلەر ئىلگىرى داۋۇت ۋە ئادەملىرىدىن بۇلىۋالغان مال ئەمەس، بەلكى ئامالەكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشقا ماللىرى بولۇشى مۇمكىن.

22 لېكىن داۋۇت بىلەن بارغانلارنىڭ ئارىسىدىكى رەزىل ئادەملەر
ۋە ئەرزىمەسلەرنىڭ ھەممىسى قوپۇپ: ــ بۇلار بىز بىلەن
بارمىغاندىن كېيىن بىز ياندۇرۇپ ئالغان ئولجىدىن ئۇلارغا ھېچ
نېمە بەرمەيلى. ئۇلار پەقەت ھەربىرى ئۆز خوتۇن-بالىلىرىنى
ئېلىپ كەتسۇن، دېدى. 23 ئەمما داۋۇت: ــ ياق، ئى بۇرادەرلىرىم؛
پەرۋەردىگار بىزگە تەقسىم قىلغاننى ئۇلارغىمۇ تەقسىم
قىلمىساق بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنى قوغداپ بىزنىڭكىگە
تاجاۋۇز قىلغانلارنى قولىمىزغا تاپشۇردى. 24 بۇ ئىشتا كىم
سىلەرگە ماقۇل دەيدۇ؟ چۈنكى سوقۇشقا چۈشكەننىڭ ئۈلۈشى
قانداق بولسا يۈك-تاقلارغا قارىغۇچىلارنىڭمۇ ئۈلۈشى شۇنداق
بولىدۇ؛ ھەممە ئادەم تەڭ بۆلۈشسۇن ــ دېدى. 25 شۇ كۈندىن تارتىپ
بۇ ئىسرائىل ئۈچۈن ھۆكۈم-بەلگىلىمە قىلىپ بېكىتىلدى.
بۈگۈنگىچە ھەم شۇنداق. 26 داۋۇت زىكلاگقا يېتىپ كەلگەندە،
ئولجىدىن دوستلىرى بولغان يەھۇدا ئاقساقاللىرىغا ئەۋەتىپ: ــ
مانا، پەرۋەردىگارنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئالغان ئولجا سىلەرگە بىر
سوۋغات بولسۇن، دېدى.
27 ئۇ ئولجىدىن ھەم بەيت-ئەلدىكىلەرگە، جەنۇبىي
راموتتىكىلەرگە، ياتتىردىكىلەرگە، 28 ئاروئەردىكىلەرگە،
سىفموتتىكىلەرگە، ئەشتەموئادىكىلەرگە، 29 راقالدىكىلەرگە،
يەراھمىيەللىكلەرنىڭ شەھەرلىرىدىكىلەرگە ۋە كېنىيلەرنىڭ
شەھەرلىرىدىكىلەرگە، 30 خورماھتىكىلەرگە، قوراشاندىكىلەرگە،
ئاتاقتىكىلەرگە، 31 ھېبروندىكىلەرگە ۋە داۋۇت ۋە ئادەملىرى
بىللە يۈرگەن ھەممە يەردىكىلەرگە سوۋغات ئەۋەتتى.

22:30 **«رەزىل ئادەملەر ۋە ئەرزىمەسلەر...»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «رەزىل ئادەملەر ۋە بېلىئالنىڭ (ئىبلىسنىڭ) ئوغۇللىرى...».

30:30 **«قوراشاندىكىلەرگە...»** ــ ياكى «بوراشاندىكىلەرگە...».

## سائۇل قازا قىلدۇ، ئىسرائىل مەغلۇپ بولىدۇ

1تار. 10:1-12

31 [1] ئەمدى فىلىستىيلەر ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلدى.
ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى فىلىستىيلەرنىڭ ئالدىدىن
قېچىپ، گىلبوئا تېغىدا قىرىپ يېقىتىلدى. [2] فىلىستىيلەر سائۇل
ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى تاپ بېسىپ قوغلاۋاتاتتى. فىلىستىيلەر
بولسا سائۇلنىڭ ئوغۇللىرى يوناتان، ئابىناداب، مەلكىشۇئانى ئۇرۇپ
ئۆلتۈردى. [3] سائۇلنىڭ ئەتراپىنى ئۇرۇش قاپلىدى؛ ئوقياچىلار سائۇلغا
يېتىشتى؛ ئۇ يا ئوقى بىلەن ئېغىر يارىلاندۇرۇلدى.
[4] ئاندىن سائۇل ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە: ــ قىلىچىڭنى سۇغۇرۇپ
مېنى سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتكىن؛ بولمىسا بۇ خەتنىسىزلەر كېلىپ
مېنى سانجىپ، مېنى خورلۇققا قويۇشى مۇمكىن، دېدى. لېكىن
ياراغ كۆتۈرگۈچىسى ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ، ئۇنىمىدى. شۇنىڭ
بىلەن سائۇل قىلىچنى ئېلىپ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. [5] ياراغ
كۆتۈرگۈچىسى سائۇلنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۆزىنى
قىلىچىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆلدى. [6] شۇنىڭ بىلەن
سائۇل، ئۈچ ئوغلى، ياراغ كۆتۈرگۈچىسى ۋە ئۇنىڭ ھەممە ئادەملىرى
شۇ كۈندە بىراقلا ئۆلدى.
[7] ئەمدى ۋادىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ھەمدە ئىئوردان دەرياسىنىڭ بۇ
يېقىدىكى ئىسرائىللار ئەسكەرلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى ۋە سائۇل
بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگىنىدە، شەھەرلەرنى تاشلاپ
قاچتى، فىلىستىيلەر كېلىپ ئۇ جايلاردا ئورۇنلاشتى.
[8] ئەمدى شۇنداق بولدىكى، ئەتىسى فىلىستىيلەر ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ
كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋالغىلى كەلگەندە گىلبوئا
تېغىدا سائۇل بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆردى.
[9] ئۇلار ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ساۋۇت-ياراغلىرىنى سالدۇرۇپ

7:31 **«ئىئوردان دەرياسىنىڭ بۇ يېقى...»** ــ بەلكىم ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلارنى فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئاپىرىپ بۇتخانىلىرىدا ۋە خەلقنىڭ ئارىسىدا بۇ خۇش خەۋەرنى تارقاتتى.
[10] ئۇلار ئۇنىڭ ساۋۇت-ياراغلىرىنى ئاشتاروت بۇتخانىسىدا قويۇپ ئۆلۈكىنى بەيت-شان شەھىرىدىكى سېپىلغا ئېسىپ قويدى.
[11] ئەمدى يابەش-گىلېئادتا ئولتۇرغۇچىلار فىلىستىيلەرنىڭ سائۇلغا نېمە قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا [12] ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممە باتۇرلار ئاتلىنىپ كېچىچە مېڭىپ، سائۇل بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى بەيت-شاندىكى سېپىلدىن چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى يابەشكە ئېلىپ بېرىپ ئۇ يەردە كۆيدۈردى. [13] ئاندىن ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى يابەشتىكى يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە دەپنە قىلىپ يەتتە كۈن روزا تۇتتى.

---

9:31 **«ئۇلار ... ساۋۇت-ياراغلىرىنى سالدۇرۇپ بۇلارنى فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئاپىرىپ بۇتخانىلىرىدا ...خۇش خەۋەرنى تارقاتتى»** — ياكى «ئۇلار ... ساۋۇت-ياراغلىرىنى سالدۇرۇپ، ئېلانچىلارنى فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئەۋەتىپ بۇتخانىلىرىدا ...خۇش خەۋەرنى تارقاتتى».

**9:31** 1تار. 9:10

# تەۋرات 10-قىسىم

# ساموئىل پەيغەمبەرنىڭ كىتابى

# ئىككىنچى قىسمى («ساموئىل «2»»)

## مەزمۇن: -

1-باب: داۋۇت سائۇل ۋە يوناتان ئۈچۈن ماتەم تۇتىدۇ

2-باب: داۋۇت يەھۇدا قەبىلىسىگە پادىشاھ بولىدۇ

3-4 باب؛ داۋۇتقا ئەگەشكەنلەر بىلەن سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەت ئارىسىدا ئۇرۇش بولىدۇ

5-6 باب: بارلىق ئىسرائىل داۋۇتتىن پادىشاھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ داۋۇت فىلىستىيلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ

7-باب: داۋۇتنىڭ خۇدا ئۈچۈن ئۆي («ئىبادەتخانا») بىنا قىلماقچى بولۇشى؛ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا: «مەن سەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بىر ئۆي قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسى

8-10 باب: داۋۇتنىڭ سەلتەنىتى؛ ئەتراپىدىكى دۈشمەن ئەللەر بىلەن بولغان غەلىبىلىك جەڭلىرى

11-12 باب: داۋۇتنىڭ رەزىل گۇناھى

13-14 باب: داۋۇتنىڭ ئائىلىسىدە ئاسىيلىق ۋە ھەرخىل قەبىھلىك پەيدا بولىدۇ. ئوغلى ئابشالوم پالاندى قىلىنىدۇ ۋە قايتىپ كېلىدۇ

15-19 باب: ئابشالوم ئىسيان كۆتۈرىدۇ. ئىچكى ئۇرۇش بولىدۇ

20-باب: ئىككىنچى ئىچكى ئۇرۇش

21-باب: ئاچارچىلىق ــ سائۇلنىڭ گىبېئونلۇقلارغا قىلغان گۇناھى تۈزىتىلىدۇ

22-باب: داۋۇتنىڭ ئىبادىتى ۋە بېشارەتلىك كۈيى

23-باب: داۋۇتنىڭ باتۇر پالۋانلىرى

24-باب: داۋۇت گۇناھ قىلىپ خەلقنىڭ سانىنى ئالدۇ؛ ۋابا ئىسرائىلغا چۈشىدۇ؛ داۋۇت خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ؛ ئىبادەتخانا ئۈچۈن ئورۇن بېكىتىلىدۇ.

# ساموئىل «2»

## سائۇل ۋە يوناتان ئۈچۈن ھەسرەت چېكىش

1 [1]سائۇل ئۆلگەندىن كېيىن، داۋۇت ئامالەكلەرنى قىرغىن قىلىپ
يېنىپ كەلگەندە، ئۇ زىكلاگدا ئىككى كۈن تۇردى. [2]ئۈچىنچى كۈنى
شۇنداق بولدىكى، مانا سائۇلنىڭ لەشكەرگاھىدىن كىيىمى يىرتىق
ۋە بېشىغا توپا-چاڭ چاچقان بىر ئادەم كەلدى. ئۇ داۋۇتنىڭ قېشىغا
كەلگەندە، يەرگە يىقىلىپ باش ئۇردى.
[3]داۋۇت ئۇنىڭدىن: نەدىن كەلدىڭ؟ دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاپ بېرىپ:
ئىسرائىلنىڭ لەشكەرگاھىدىن قېچىپ كەلدىم ــ دېدى.
[4]داۋۇت ئۇنىڭدىن: ئىش قانداق بولدى؟ ماڭا دەپ بەرگىن، دەپ سورىدى.
ئۇ: خەلق جەڭدىن قاچتى، خەلقتىن بەك جىق كىشى سوقۇشتا ئۆلدى.
سائۇل بىلەن ئوغلى يوناتانمۇ ئۆلدى، ــ دېدى.
[5]داۋۇت خەۋەر ئېلىپ كەلگەن يىگىتتىن: سائۇل بىلەن ئوغلى
يوناتاننىڭ ئۆلگىنىنى قانداق بىلدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.
[6]ئۇنىڭغا خەۋەر بەرگەن يىگىت: مەن تاسادىپىي گىلبوئا تېغىغا
چىققانىدىم، مانا سائۇل نەيزىگە يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ؛ جەڭ ھارۋىلىرى
ۋە ئاتلىقلار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قوغلاۋاتاتتى. [7]ئۇ كەينىگە
قاراپ مېنى كۆرۈپ چاقىردى. مەن «مانا مەن»، دېدىم.
[8]ئۇ: ئۆزۈڭ كىم بولىسەن، دەپ مەندىن سورىۋىدى، مەن
ئامالەكلەردىنمەن، دېدىم.
[9]ئۇ يەنە ماڭا: ئۈستۈمدە تۇرۇپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن؛ گەرچە جېنىم
مەندە بولسىمۇ، مەن بەك ئازاپلىنىپ كېتىۋاتىمەن ــ دېدى.
[10] شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈردۈم، چۈنكى، ئۇ شۇ

---

**1:1** 1سام. 17:30

9:1 **«مەن بەك ئازاپلىنىپ كېتىۋاتىمەن»** ــ ياكى «مېنىڭ بېشىم ئايلىنىۋاتىدۇ».

ھالدا يىقىلسىلا، تىرىك قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئاندىن
بېشىدىكى تاجنى ۋە بىلىكىدىكى بىلەزۈكنى ئېلىپ مۇشۇ يەرگە
غوجامغا ئېلىپ كەلدىم، ــ دېدى.
[11] شۇئان داۋۇت ئۆز كىيىملىرىنى يىرتىپ، تىلما-تىلما قىلىۋەتتى؛
ئۇنىڭ بىلەن بولغان بارلىق ئادەملىرمۇ ھەم شۇنداق قىلدى. [12] ئۇلار
سائۇل بىلەن ئوغلى يوناتان ئۈچۈن، پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى ئۈچۈن،
شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ جەمەتى ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ ئاھ-زار كۆتۈرۈپ
كەچكىچە روزا تۇتتى؛ چۈنكى ئۇلار قىلىچ ئاستىدا يىقىلىپ قازا
قىلغانىدى.
[13] داۋۇت ئۇنىڭ ئۆزىگە خەۋەر بەرگەن يىگىتتىن: قەيەردىن سەن؟ ــ دەپ
سورىدى. ئۇ: مەن بىر ئامالەك مۇساپىرنىڭ ئوغلىمەن ــ دېدى.
[14] داۋۇت ئۇنىڭغا: سەن قانداقمۇ پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھ قىلغىنىنى
ھالاك قىلىشقا قولۇڭنى سوزۇشتىن قورقمىدىڭ؟ ــ دېدى.
[15] ئاندىن داۋۇت ئۆز غۇلاملىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: بۇياققا
كەل، ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگىن ــ دەپ بۇيرۇدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنى ئۇرۇۋىدى، ئامالەك ئۆلدى.
[16] داۋۇت ئۇنىڭغا: قان قەرزىڭ بېشىڭغا چۈشسۇن! چۈنكى ئۆز ئاغزىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھ قىلغىنىنى ئۆلتۈرگىنىڭگە گۇۋاھلىق بېرىپ
ئەيىبلىدى، ــ دېدى.
[17] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت سائۇل بىلەن ئوغلى يوناتان ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ
مۇنداق بىر نەزمە ئوقۇدى [18] (ئۇ «ئوقيا» دەپ ئاتالغان بۇ نەزمىنى
يەھۇدا خەلقىگە ئۆگىتىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. دەرۋەقە ئۇ «ياشار»

**10:1 «شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈردۈم، ... ئاندىن ... تاجنى ۋە ... بىلەزۈكنى ئېلىپ ... غوجامغا ئېلىپ كەلدىم»** ــ «1سام.» 30-بابتىكى تەپسىلاتلارغا قارىغاندا، بۇ يىگىتنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، داۋۇتتىن مەلۇم ئىنئام ياكى مەرتىۋىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئېيتقان بولسا كېرەك؛ لېكىن يالغانچىلىقى ئۆزىنىڭ ھاياتىغا زامىن بولىدۇ.

**11:1** 2سام. 3:31؛ 31:13

**14:1 «پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھ قىلغىنى»** ــ خۇدا بېكىتكەن پادىشاھ، دېمەكچى. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەنىدى): ــ**
**19 ــ ئى ئىسرائىل، سېنىڭ گۈزەل ئەزىزىڭ يۇقىرى جايلىرىڭدا قىرغىن بولۇپ ياتىدۇ!**
**پالۋانلار شۇنداق دەھشەتلىك يىقىلدىغۇ!؟**
**20 گات شەھىرىدە بۇ خەۋەرنى بەرمەڭلار،**
**ئاشكېلوننىڭ كوچىلىرىدا ئۇنى ئېلان قىلماڭلار،**
**فىلىستىيىنىڭ قىزلىرى شادلانمىسۇن،**
**خەتنىسىزلەرنىڭ قىزلىرى تەنتەنە قىلمىسۇن!**
**21 ئى گىلبوئا تاغلىرى، ئۈستۈڭلارغا نە شەبنەم بولمىسۇن، نە يامغۇر چۈشمىسۇن،**
**نە سىلەردە كۆتۈرمە ھەدىيەلەر ئۈچۈن ھوسۇل بېرىدىغان ئېتىزلار يەنە كۆرۈنمىسۇن!**
**چۈنكى ئۇ يەردە پالۋانلارنىڭ قالقىنى بۇلغاندى؛**
**سائۇلنىڭ قالقىنى ياغ بىلەن سۈرۈلمەيدىغان بولدى.**
**22 قىرىلىدىغانلارنىڭ قېنىنى تۆكمەي،**

---

18:1 **«دەرۋەقە ئۇ «ياشار» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەنىدى»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۇ» «ئوقيا» دەپ ئاتالغان نەزمىنىڭ ئۆزىنى ياكى داۋۇتنىڭ بۇ نەزمىنى ئۆگەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «ئوقيا» دېگەن نەزمە بولسا بەلكىم تۆۋەندىكى 19-27-ئايەتتىكى مەرسىيەنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. **««ياشار» دېگەن كىتاب»** ــ ھازىر يوقىلىپ كەتكەن قەدىمكى بىر كىتاب («يە.» 10:12-13نى كۆرۈڭ).

**18:1** يە. 13:10

19:1 **«سېنىڭ گۈزەل ئەزىزىڭ»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «سېنىڭ گۈزىلىكىڭ». بۇ ئىسرائىلنىڭ پەزىلەتلىك قەھرىمانلىرى بولغان سائۇل ۋە يوناتاننى كۆرسىتىدۇ.

**20:1** مىك. 10:1

21:1 **«ئى گىلبوئا تاغلىرى، ئۈستۈڭلارغا نە شەبنەم بولمىسۇن، نە يامغۇر چۈشمىسۇن،... ھوسۇل بېرىدىغان ئېتىزلار يەنە كۆرۈنمىسۇن!»** ــ سائۇل ۋە يوناتان گىلبوئا تاغلىرى ئۈستىدە يىقىلىپ ئۆلگەنىدى. **«پالۋانلارنىڭ قالقىنى بۇلغاندى»** ــ ياكى «پالۋانلارنىڭ قالقىنى ھاقارەت قىلىندى» ياكى «پالۋانلارنىڭ قالقىنى لەنەتلىك نەرسىدەك تاشلاندى». **«سائۇلنىڭ قالقىنى ياغ بىلەن سۈرۈلمەيدىغان»** ــ كونا زامانلاردا جەڭچىلەر قالقاننىڭ تېرىسى (قالقاننىڭ بىر قىسمىغا تېرە ئىشلىتەتتى) قۇرۇپ يېرىلىپ كەتمىسۇن دەپ، قالقانلارغا ماي سۈرەتتى. مۇشۇ يەردە «سۈرۈش» ئىبرانيي تىلىدا «مەسىھ قىلىش» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

پالۋانلارنىڭ تېنىدىكى يېغىنى چاپماي،
يوناتاننىڭ ئوقياسى ھېچقاچان جەڭدىن يانغان ئەمەس،
سائۇلنىڭ قىلىچى ھېچقاچان قىنىغا قايتقان ئەمەس.
23 سائۇل بىلەن يوناتان ھايات ۋاقتىدا سۆيۈملۈك ھەم يېقىملىق
ئىدى،
ئۇلار ئۆلۈمدىمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلمىدى؛
ئۇلار بۈركۈتلەردىن چاققان، شىرلاردىن كۈچلۈك ئىدى.
24 ئى ئىسرائىل قىزلىرى، سائۇل ئۈچۈن يىغلاڭلار،
ئۇ سىلەرنى بېزەپ قىزغۇچ كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ،
كىيىملىرىڭلارنى ئالتۇن زىبۇ-زىننەت بىلەن زىننەتلىگەنىدى.
25 پالۋانلار كەسكىن جەڭدە شۇنداق دەھشەتلىك يىقىلدىغۇ!؟
يوناتان يۇقىرى جايلىرىڭدا قىرغىن بولۇپ ياتىدۇ!
26 سەن ئۈچۈن ھەسرەتتە قالدىم، ئى ئىنىم يوناتان! ماڭا شۇنچە
سۆيۈملۈك ئىدىڭ!
ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭ قالتىس ئىدى،
ھەتتا قىز-ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئارتۇق ئىدى.
27 پالۋانلار شۇنداق دەھشەتلىك يىقىلدىغۇ!
جەڭ قوراللىرى شۇنداق دەھشەتلىك ۋەيران قىلىندىغۇ!»

## داۋۇت مەسىھ قىلىنىپ پادىشاھ بولىدۇ

2
1 ئاندىن كېيىن داۋۇت پەرۋەردىگاردىن يول سوراپ: يەھۇدا
شەھەرلىرىنىڭ بىرىگە چىقايمۇ؟ دېدى؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: —
چىققىن، دېدى. داۋۇت، نەگە چىقاي؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ: ھېبرونغا

24:1 «ئۇ سىلەرنى بېزەپ قىزغۇچ كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ...» — قىزىل ياكى قىزغۇچ رەخت ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى.
26:1 «ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭ قالتىس ئىدى» — «قالتىس» ياكى «كارامەت» دېگەن بۇ سۆز ئىبرانىي تىلىدا ئادەتتە خۇداغا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

چىققىن ــ دېدى.
[2] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئىككى ئايالى بىلەن، يەنى يىزرەئەللىك ئاھىنوئام
ۋە ئەسلى كارمەللىك نابالنىڭ ئايالى بولغان ئابىگائىل بىلەن ئۇ يەرگە
چىقتى. [3] داۋۇت ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ئادەملەرنىڭ ھەربىرىنى ھەم
ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۆيىدىكىلەرنى ئۇ يەرگە ئېلىپ چىقتى؛ ئۇلار
ھېبروننىڭ شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلاشتى. [4] يەھۇدانىڭ ئادەملىرىمۇ
ئۇ يەرگە كېلىپ داۋۇتنى يەھۇدا جەمەتىگە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ
قىلدى. داۋۇتقا سائۇلنى دەپنە قىلغانلار يابەش-گىلېئادتىكىلەر،
دەپ خەۋەر بېرىلدى؛ [5] داۋۇت يابەش-گىلېئادتىكىلەرگە ئەلچىلەر
ئەۋەتىپ ئۇلارغا: ــ «غوجاڭلار بولغان سائۇلغا شۇنداق ياخشىلىق
قىلىپ، ئۇنى دەپنە قىلغىنىڭلار ئۈچۈن پەرۋەردىگار سىلەرگە بەخت-
بەرىكەت ئاتا قىلغاي. [6] پەرۋەردىگار سىلەرگىمۇ مېھرىبانلىق ۋە ئۆز
ۋاپالىقىنى كۆرسەتكەي؛ سىلەر بۇنداق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن مەنمۇ بۇ
ياخشىلىقىڭلارنى سىلەرگە قايتۇرىمەن. [7] ئەمدى ھازىر غەيرەتلىك
بولۇڭلار؛ چۈنكى غوجاڭلار سائۇل ئۆلدى، يەھۇدا جەمەتى مېنى مەسىھ
قىلىپ، ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلدى» ــ دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

## داۋۇتنىڭ قوشۇنى سائۇلنىڭ قوشۇنى بىلەن سوقۇشىدۇ

[8] ئەمما سائۇلنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى نەرنىڭ ئوغلى ئابنەر سائۇلنىڭ
ئوغلى ئىشبوشەتنى ماھانائىمغا ئېلىپ بېرىپ، [9] ئۇنى گىلېئادقا،
گەشۇرىيلارغا، يىزرەئەلگە، ئەفرائىمغا، بىنيامىنغا ۋە شۇنداقلا
پۈتكۈل ئىسرائىلغا پادىشاھ قىلدى. [10] سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەت
پادىشاھ بولغاندا قىرىق ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە
ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. ھالبۇكى، يەھۇدا جەمەتى داۋۇتقا
ئەگەشكەنتى. [11] داۋۇتنىڭ ھېبروندا يەھۇدا جەمەتى ئۈستىدە سەلتەنەت

---

9:2 **«گەشۇرىيلارغا»** ــ ياكى «ئاشۇرلار (ئاسۇرىيەلىكلەر)». **«...پۈتكۈل ئىسرائىلغا پادىشاھ قىلدى»** ــ مۇشۇ يەردە «پۈتكۈل ئىسرائىل» ئاساسەن ئىسرائىلنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي تەرەپلىرى، يەنى ئون بىر قەبىلىنى كۆرسىتىدۇ. داۋۇت بولسا يەھۇدا قەبىلىسىگە پادىشاھ بولدى.

قىلغان ۋاقتى يەتتە يىل ئالتە ئاي بولدى.
[12] بىر كۈنى نەرنىڭ ئوغلى ئابنەر سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەتنىڭ
ئادەملىرى بىلەن ماھانائىمدىن چىقىپ گىبېئونغا باردى. [13] شۇ
چاغدا زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئاب بىلەن داۋۇتنىڭ ئادەملىرى چىقىپ
ئۇلار بىلەن گىبېئوندىكى كۆلنىڭ يېنىدا ئۇچراشتى. ئۇلاردىن بىر
تەرەپ كۆلنىڭ ئۇ يېقىدا، يەنە بىر تەرەپ كۆلنىڭ بۇ يېقىدا ئولتۇردى.
[14] ئابنەر يوئابقا: يىگىتلەر قوپۇپ ئالدىمىزدا ئېلىشىپ ئويىنىسۇن ــ
دېدى. يوئاب: قوپسۇن ــ دېدى.
[15] ئۇلار بېكىتىلگەن سان بويىچە بىنيامىن بىلەن سائۇلنىڭ ئوغلى
ئىشبوشەت تەرەپتىن ئون ئىككى كىشى ۋە داۋۇتنىڭ ئادەملىرىدىن
ئون ئىككى كىشى چىقىپ ئوتتۇرىغا ئۆتتى. [16] ئۇلار بىر-بىرىنىڭ
بېشىنى قاماللاپ تۇتۇپ ھەربىرى رەقىبىنىڭ بىقىنىغا قىلىچى بىلەن
سانجىشتى، ھەممىسى يىقىلىپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر «قىلىچ
بىسلىرىنىڭ ئېتىزى» دەپ ئاتالدى؛ ئۇ گىبېئوندىدۇر.
[17] ئۇ كۈندىكى بولغان سوقۇشۇش ئىنتايىن ئەشەددىي بولدى؛ ئابنەر
بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى داۋۇتنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن
مەغلۇپ قىلىندى.
[18] شۇ يەردە زەرۇئىيانىڭ ئوغۇللىرى يوئاب، ئابىشاي ۋە ئاساھەل دېگەن
ئۈچەيلەن بار ئىدى. ئاساھەل خۇددى دالادىكى جەرەندەك چاققان ئىدى.

---

**11:2** 2سام. 5:5؛ 1پاد. 11:2

12:2 **«ئىشبوشەتنىڭ ئادەملىرى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئىشبوشەتنىڭ خىزمەتكارلىرى» ــ مۇشۇ يەردە شۇبھىسىزكى، ئەسكەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

14:2 **«يىگىتلەر قوپۇپ ئالدىمىزدا ئېلىشىپ ئويىنىسۇن»** ــ ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ «ئويۇن» ئەمەس، بەلكى مۇسابىقە خاراكتېرىدىكى سوقۇشۇش. ئىككى تەرەپتىن بەلگىلەنگەن ئادەملەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بىر تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئادىمىنى پۈتۈنلەي ياتقۇزۇۋەتسە، شۇ تەرەپ غەلىبە قىلغان بولۇپ «ئويۇن» ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن بۇ قېتىم بىر تەرەپ ئېنىق غەلىبە قىلمىغان بولغاچقا، «ئويۇن» ئاخىر بېرىپ ئىككى قوشۇننىڭ چوڭ سوقۇشىغا ئايلاندى.

16:2 **«قىلىچ بىسلىرىنىڭ ئېتىزى»** ــ ياكى «چاقماق تاشلىرى ئېتىزى». ئىبرانىي تىلدا: «ھەلقۇت-ھاززۇرىم».

[19] ئاساھەل ئابنەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈگۈردى؛ ئابنەرگە ئەگىشىپ ئوڭغا
ياكى سولغا بۇرۇلماي تاپ بېسىپ قوغلىدى. [20] ئابنەر كەينىگە قاراپ: سەن
ئاساھەلمۇسەن؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ: ــ شۇنداق، مەن شۇ، دەپ جاۋاب بەردى.
[21] ئابنەر ئۇنىڭغا: يا ئوڭغا يا سولغا بۇرۇلۇپ يىگىتلەرنىڭ بىرىگە
ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ يارىغىنى ئۆزۈڭگە تارتىۋالغىن، دېدى. لېكىن
ئاساھەل ئۇنى قوغلاشتىن بۇرۇلۇشقا ئۇنىمىدى.
[22] ئابنەر ئاساھەلگە يەنە: مېنى ئەمدى قوغلىماي بۇرۇلۇپ كەتكىن؛
مەن سېنى نېمە دەپ ئۇرۇپ يىقىتقۇدەكمەن؟ ئۇنداق قىلسام ئاكاڭ
يوئابنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرەلەيمەن؟ ــ دېدى.
[23] لېكىن ئاساھەل يەنىلا قوغلاشتىن توختىمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن
ئابنەر نەيزىسىنىڭ تۈتقۇچىنى ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتتى. نەيزە
دۈمبىسىنى تېشىپ چىقتى؛ ئۇ شۇ يەردە يىقىلىپ ئۆلدى. شۇنداق
بولدىكى، ئاساھەل يىقىلىپ ئۆلگەن يەرگە ھازىر كېلىدىغان ھەربىر
كىشىلەر ئۇ يەردە توختاپ قالىدۇ.
[24] شۇنىڭ بىلەن يوئاب بىلەن ئابىشاي ئابنەرنى قوغلاشتى. كۈن
پاتقاندا ئۇلار گىبېئوننىڭ چۆلىگە ماڭىدىغان يولنىڭ بويىغا،
گىئاھ يېزىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاماھ ئېدىرلىقىغا يېتىپ كەلدى؛
[25] بىنيامىنلار بولسا ئابنەرنىڭ كەينىدە قوشۇندەك سەپ بولۇپ، بىر
دۆڭ تۆپىسىگە چىقىپ تۇردى. [26] ئابنەر يوئابنى چاقىرىپ: قىلىچ
دائىم ئادەملەرنى يەپ تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى
پەقەت ئۆچ-ئاداۋەتتىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ سەن
قاچانغىچە خەلقلەرگە: «قېرىنداشلىرىڭلارنى قوغلاشتىن توختاڭلار»
دەپ بۇيرۇماي تۇرۇۋېرىسەن؟

---

22:2 **«مەن سېنى نېمە دەپ ئۇرۇپ يىقىتقۇدەكمەن»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۇرۇپ يىقىتىش» ئۆلتۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ.

23:2 **«ئاساھەل ... ئۆلگەن يەرگە ھازىر كېلىدىغان ھەربىر كىشىلەر ئۇ يەردە توختاپ قالىدۇ»** ــ دېمەك، ئاساھەلنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن توختايدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئاساھەل يىقىلىپ ئۆلگەن يەرگە كەلگەن ھەربىر كىشىلەر ئۇ يەردە توختاپ قالدى».

27 يوئاب: خۇدانىڭ هاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن مۇشۇ
سۆزنى قىلمىغان بولساڭ، كۆپچىلىكنىڭ ھېچبىرى قېرىنداشلىرىنى
قوغلاشتىن ئەتىگەنگىچمۇ يانمايتتى ــ دېدى.
28 بۇنىڭ بىلەن يوئاب كاناي چالدى؛ ھەممە يەھۇدالار شۇئان
توختىدى ۋە قايتا ئىسرائىلنى قوغلىمىدى، ئۇلار بىلەن قايتا جەڭ
قىلىشمىدى. 29 ئابنەر بىلەن ئادەملىرى بولسا كېچىچە مېڭىپ،
ئاراباھ تۈزلەڭلىكىدىن چىقىپ، ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ بىترون
دېگەن پۈتكۈل يۇرتنى كېزىپ ئۆتۈپ، ماھانايىمغا يېتىپ كەلدى.
30 يوئاب ئابنەرنى قوغلاشتىن يېنىپ بارلىق ئادەملەرنى جەم قىلدى.
ئاساھەلدىن باشقا داۋۇتنىڭ غۇلاملىرىدىن ئون توققۇز ئادەم يوق
چىقتى؛ 31 لېكىن داۋۇتنىڭ ئادەملىرى بىنيامىنلاردىن ۋە ئابنەرنىڭ
ئادەملىرىدىن ئۈچ يۈز ئاتمىش كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنىدى.
32 ئۇلار ئاساھەلنى ئېلىپ بەيت-لەھەمدە ئۆز ئاتىسىنىڭ قەبرىسىدە
دەپنە قىلدى؛ ئاندىن يوئاب بىلەن ئادەملىرى كېچىچە مېڭىپ، تاڭ
ئاتقاندا ھېبرونغا يېتىپ كەلدى.

# 3

1 ھالبۇكى، سائۇلنىڭ جەمەتى بىلەن داۋۇتنىڭ جەمەتى
ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە داۋاملاشتى؛ داۋۇتنىڭ
جەمەتى بارغانسېرى كۈچەيدى، لېكىن سائۇلنىڭ جەمەتى
بارغانسېرى ئاجىزلاشماقتا ئىدى.
2 ھېبروندا داۋۇت بىر قانچە ئوغۇللۇق بولدى، ئۇنىڭ تۇنجىسى
ئامنون بولۇپ، يىزرەئەللىك ئاھىنوئامدىن تۇغۇلدى؛ 3 ئىككىنچىسى
كىلېئاب بولۇپ كارمەللىك نابالنىڭ ئايالى بولغان ئابىگائىلدىن
تۇغۇلدى. ئۈچىنچىسى ئابشالوم ئىدى. ئۇ گەشورنىڭ پادىشاھى
تالمايىنىڭ قىزى مائاكاھدىن تۇغۇلغانىدى، 4 تۆتىنچىسى ئادونىيا
بولۇپ ھاگگىتتىن تۇغۇلغان ئىدى. بەشىنچىسى شەفاتىيا بولۇپ

2:3 1تار. 3:1-9

ئابىتالدىن تۇغۇلغان ئىدى. 5 ئالتىنچىسى يىترىئام بولۇپ داۋۇتنىڭ
ئايالى ئەگلاھدىن تۇغۇلدى. داۋۇتنىڭ بۇ ئالتە ئوغلىنىڭ ھەممىسى
ھېبروندا تۇغۇلدى.
6 سائۇلنىڭ جەمەتى بىلەن داۋۇتنىڭ جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى
جەڭ داۋامىدا، ئابنەر سائۇلنىڭ جەمەتىدە ئۆز ھوقۇقىنى
كۈچەيتتى. 7 ئەمدى سائۇلنىڭ بىر كېنىزىكى بار ئىدى؛ ئۇ ئاياھنىڭ
قىزى بولۇپ، ئىسمى رىزپاھ ئىدى. بىر كۈنى ئىشبوشەت ئابنەرگە:
نېمىشقا ئاتامنىڭ كېنىزىكى بىلەن بىللە بولدۇڭ؟ ــ دېدى.
8 ئابنەر ئىشبوشەتنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىنتايىن ئاچچىقلىنىپ
مۇنداق دېدى: ــ «مەن بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئاتاڭ سائۇلنىڭ
جەمەتىگە، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ۋە دوستلىرىغا
مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، سېنى داۋۇتنىڭ قولىغا تاپشۇرمىغان
تۇرسام، مېنى يەھۇداغا تەۋە بىر ئىتنىڭ بېشىدەك كۆرۈپ،
بۈگۈن بۇ خوتۇن ئۈچۈن مېنى گۇناھقا بۇيرۇماقچىمۇسەن؟ 9 مەن
پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتقا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغىنىدەك قىلمىسام
خۇدا مەنكى ئابنەرنى قاتتىق ئۇرسۇن ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇرسۇن!
10 ــ يەنى، پادىشاھلىقنى سائۇلنىڭ جەمەتىدىن يۆتكەپ،
داۋۇتنىڭ تەختىنى داندىن بەئەر-شېباغىچە پۈتكۈل ئىسرائىل
بىلەن يەھۇدانىڭ ئۈستىگە تىكلىمىسەم!».
11 ئىشبوشەت ئابنەردىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر ئېغىز سۆز
قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.
12 ئابنەر بولسا ئۆزى ئۈچۈن ئەلچىلەرنى داۋۇتنىڭ قېشىغا ماڭدۇرۇپ
ئۇنىڭغا: زېمىن كىمنىڭكى؟ مەن بىلەن ئەھدە تۈزگىن، مېنىڭ

---

7:3 2سام. 8:21، 10، 11

8:3 **«سائۇلنىڭ ... ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «سائۇلنىڭ... قېرىنداشلىرىغا»

9:3 **«خۇدا مەنكى ئابنەرنى قاتتىق ئۇرسۇن ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇرسۇن!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خۇدا ئابنەرنىڭ بېشىغا مۇنداق ئىش چۈشۈرسۇن ياكى تېخىمۇ ئېغىر ئىش چۈشۈرسۇن».

10:3 **«داندىن بەئەر-شېباغىچە»** ــ «دان» ئىسرائىلنىڭ ئەڭ شىمالىي يۇرتى، «بەئەر-شېبا» يەھۇدانىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى جاي ئىدى.

قولۇم سېنىڭ تەرىپىڭدە بولۇپ، پۈتكۈل ئىسرائىلنى ساڭا مايىل
قىلىمەن ــ دېدى.
13 داۋۇت جاۋاب بېرىپ: ــ بولىدۇ، مەن سەن بىلەن ئەھدە قىلاي. پەقەت
بىرلا ئىشنى تەلەپ قىلاي؛ مېنىڭ قېشىمغا كەلگەندە سائۇلنىڭ
قىزى مىقالنى ئېلىپ كەلمىسەڭ، يۈزۈمنى كۆرەلمەيسەن، دېدى.
14 ئاندىن داۋۇت ئىشبوشەتنىڭ قېشىغا ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇپ: مەن
بىر يۈز فىلىستىيىنىڭ خەتنىلىكى بەدىلى بىلەن ئالغان ئايالىم
مىقالنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن ــ دېدى.
15 ئىشبوشەت ئادەم ئەۋەتىپ مىقالنى ئۇنىڭ ئېرىدىن، يەنى
لائىشنىڭ ئوغلى پالتىيەلدىن ئېلىپ كەلدى. 16 لېكىن ئۇنىڭ
ئېرى باخۇرىمغىچە ئۇنىڭ كەينىدىن يىغلىغان پېتى ئەگىشىپ
ماڭدى. ئاخىر بېرىپ ئابنەر ئۇنىڭغا: ــ يېنىپ كەتكىن، دېۋىدى،
ئۇ قايتىپ كەتتى.
17 ئەمدى ئابنەر ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىغا: سىلەر بۇرۇن
داۋۇت ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولسۇن، دېگەن ئارزۇ-ئىستەكتە
بولدۇڭلار. 18 ئەمدى ھازىر ھەرىكەت قىلىڭلار؛ چۈنكى
پەرۋەردىگار داۋۇت توغرىسىدا: ــ قۇل-بەندەم داۋۇتنىڭ قولى بىلەن
ئىسرائىل خەلقىمنى فىلىستىيلەرنىڭ قولىدىن، شۇنداقلا بارلىق
دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىمەن، ــ دېگەندى.

---

12:3 **«ئابنەر بولسا ئۆزى ئۈچۈن ئەلچىلەرنى داۋۇتنىڭ قېشىغا ماڭدۇرۇپ ئۇنىڭغا....»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۆزى ئۈچۈن» دېگەننىڭ ئىبرانىي تىلىدا ئۈچ خىل چۈشەنچىسى بار: ــ (1) «ئابنەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن» ( ئىشبوشەت بىلمىگەن ھالدا)؛ (2) «ئۇنىڭ ئۈچۈن» (يەنى ئىشبوشەت ئۈچۈن)؛ (3) «نەق مەيداندا». بىز بىرىنچى تەرجىمىگە مايىلمىز.

14:3 **«مەن بىر يۈز فىلىستىيىنىڭ خەتنىلىكى بەدىلى بىلەن ئالغان ئايالىم مىقالنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن»** ــ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق «1سام.»18:20-27نى كۆرۈڭ.

**14:3** 1سام. 18:25، 27

15:3 **«لائىشنىڭ ئوغلى پالتىيەل»** ــ «1سام.» 25:44دە «لائىشنىڭ ئوغلى فالتى» ياكى «لائىشنىڭ ئوغلى پالتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**15:3** 1سام. 25:44

19 ئابنەر يەنە بىنيامىنلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ مۇشۇ سۆزلەرنى ئېيتتى. ئاندىن ئىسرائىل بىلەن بىنيامىننىڭ پۈتكۈل جەمەتىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى داۋۇتنىڭ قۇلىقىغا ئېيتىشقا ھېبرونغا باردى.
20 شۇنداق قىلىپ ئابنەر يىگىرمە ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا ھېبرونغا داۋۇتنىڭ قېشىغا كەلگەندە داۋۇت ئابنەر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە بىر زىياپەت تەييارلىدى. 21 ئابنەر داۋۇتقا: مەن قوزغىلىپ پۈتكۈل ئىسرائىلنى غوجام پادىشاھنىڭ ئالدىغا جەم قىلاي، ئۇلار سىزنىڭ بىلەن ئەھدە قىلىشسۇن، ئاندىن سىز ئۆز كۆڭلىڭىز خالىغاننىڭ بارلىقى ئۈستىدىن سەلتەنەت قىلالايدىغان بولىسىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئابنەرنى يولغا سېلىپ قويدى، ئۇ ئامان-ئېسەن قايتىپ كەتتى.

## ئابنەر ئۆلتۈرۈلىدۇ

22 مانا، شۇ ئەسنادا داۋۇتنىڭ ئادەملىرى بىلەن يوئاب بىر يەرگە ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلدى. لېكىن ئابنەر شۇ چاغدا ھېبروندا داۋۇتنىڭ قېشىدا يوق ئىدى؛ چۈنكى داۋۇتنىڭ ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇشى بىلەن ئامان-ئېسەن قايتىپ كەتكەنىدى. 23 يوئاب ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان پۈتكۈل قوشۇن يېتىپ كەلگەندە، خەلق ئۇنىڭغا: نەرنىڭ ئوغلى ئابنەر پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى، پادىشاھ ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇشى بىلەن ئۇ ئامان-ئېسەن قايتىپ كەتتى ــ دېدى.
24 ئاندىن يوئاب پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ: بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟! مانا، ئابنەر قېشىڭىزغا كەپتۇ! نېمىشقا ئۇنى يولغا سېلىپ قويدۇڭىز؟ ئۇ ھازىر كېتىپتۇ! 25 سىز نەرنىڭ ئوغلى ئابنەرنى بىلىسىزغۇ! ئۇنىڭ كېلىشى جەزمەن سىزنى ئالداش ئۈچۈن، سىزنىڭ چىقىپ-كىرىدىغان يولۇڭىزنى، شۇنداقلا بارلىق ئىش-پائالىيىتىڭىزنى بىلىۋېلىش ئۈچۈندۇر، ــ دېدى.

---

21:3 **«مەن قوزغىلىپ پۈتكۈل ئىسرائىلنى غوجام پادىشاھنىڭ ئالدىغا جەم قىلاي...»** ــ ياكى «مەن ھازىر چىقىپ پۈتكۈل ئىسرائىلنى غوجام پادىشاھنىڭ ئالدىغا جەم قىلاي...» ياكى «مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ غوجام پادىشاھنىڭ ئالدىغا جەم قىلاي...».

26 يوئاب داۋۇتنىڭ قېشىدىن چىقىشى بىلەن ئۇ خەۋەرچىلەرنى
ئابنەرنىڭ كەينىدىن ماڭدۇردى. ئۇلار ئۇنى سىراھ قۇدۇقىنىڭ يېنىدىن
ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلدى؛ لېكىن داۋۇت بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئىدى.
27 ئابنەر ھېبرونغا يېنىپ كەلگەندە يوئاب ئۇنى شەھەر قوۋۇقىدا
ئۇچرىتىپ، «ساڭا دەيدىغان مەخپىي سۆزۈم بار ئىدى» دەپ ئۇنى
بىر چەتكە ئەكىلىپ ئۇ يەردە ئىنىسى ئاساھەلنىڭ قان قىساسىنى
ئېلىش ئۈچۈن قورسىقىغا پىچاق سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلدى.
28 كېيىن، داۋۇت بۇ ئىشنى ئاڭلاپ: مەن ۋە پادىشاھلىقىم
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا نەرنىڭ ئوغلى ئابنەرنىڭ ئاققان قېنى
ئۈچۈن مەڭگۈ بىگۇناھدۇرمىز؛ 29 ئۇنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇش گۇناھى
يوئابنىڭ بېشىغا ۋە ئاتىسىنىڭ جەمەتىنىڭ بېشىغا قاينام بولۇپ
چۈشسۇن؛ يوئابنىڭ ئائىلىسىدىن ئاقما يارا كېسىلى، ياكى ماخاۋ
كېسىلى، ياكى ھاسىغا تايانغۇچى، قىلىچتىن ئۆلگۈچى ياكى ئاش-
تۈلۈكسىزلەر ئۈكسۈمىسۇن! ــ دېدى.
30 شۇنداق قىلىپ، ئابنەر گىبېئوندىكى جەڭدە ئۇلارنىڭ ئىنىسى
ئاساھەلنى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن، يوئاب بىلەن ئىنىسى ئابىشاي ئۇنى
ئۆلتۈردى.
31 داۋۇت يوئابقا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق خەلققە: كىيىملىرىڭلارنى
يىرتىڭلار! بۆز كىيىم كىيىڭلار! ئابنەرنىڭ مېيىتى ئالدىدا ماتەم
تۇتۇڭلار! دېدى. داۋۇت پادىشاھ ئابنەرنىڭ جىنازىسىنىڭ كەينىدىن
ماڭدى. 32 ئۇلار ئابنەرنى ھېبروندا دەپنە قىلدى، پادىشاھ ئابنەرنىڭ
قەبرىسىنىڭ يېنىدا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ يىغلىدى؛ خەلقنىڭ
ھەممىسىمۇ يىغلاشتى. 33 پادىشاھ ئابنەر ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇپ:
ــ «ئابنەرنىڭ ئەخمەقتەك ئۆلگىنى توغرىمۇ؟
34 قوللىرىڭ باغلاقلىق بولمىسىمۇ،
پۇتلىرۇڭ ئىشكەللىك بولمىسىمۇ،

27:3 2سام. 2:23؛ 1پاد. 5:2

29:3 **«ھاسىغا تايانغۇچى»** ــ ياكى «چاق ئېگىرگۈچى».

لېكىن سەن كىشىلەرنىڭ رەزىللەرنىڭ قولىدا يىقىلغىنىدەك،
يىقىلىپ ئۆلگەنسەن!» ــ دېدى.
35 شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە يىغلاشتى.
ئاندىن بارلىق خەلق داۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا كۈن پاتقۇچە
تاماق يېيىشنى ئۆتۈندى. ئەمما داۋۇت قەسەم ئىچىپ: مەن كۈن
پاتماستا يا نان يا باشقا ھەرقانداق نەرسىنى تېتىسام، خۇدا مېنى
ئۇرسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق جازالىسۇن، ــ دېدى.
36 بارلىق خەلق بۇنى بايقاپ، بۇ ئىشتىن رازى بولدى؛ ئەمەلىيەتتە
پادىشاھ قىلغان ھەربىر ئىش بارلىق خەلقنى رازى قىلاتتى.
37 شۇنىڭ بىلەن بارلىق خەلق، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىسرائىل شۇ كۈنى
نەرنىڭ ئوغلى ئابنەرنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنىڭ پادىشاھنىڭ كۆرسەتمىسى
ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتتى. 38 پادىشاھ ئۆز خىزمەتكارلىرىغا:
بىلەمسىلەر؟ بۈگۈن ئىسرائىلدا بىر سەردار، ئۇلۇغ بىر زات يىقىلدى
! 39 گەرچە مەن مەسىھ قىلىنىپ پادىشاھ تىكلەنگەن بولساممۇ، مەن
ئاجىز بىر بەندىمەن. بۇ ئادەملەر، يەنى زەرۇئىيانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
ۋەھشىيلىكىنى مەن كۆتۈرەلمىگۈدەكمەن؛ پەرۋەردىگار رەزىللىك
قىلغۇچىنىڭ رەزىللىكىنى ئۆز بېشىغا قايتۇرسۇن! ــ دېدى.

## ئىشبوشەت ئۆلتۈرۈلىدۇ

4 1 سائۇلنىڭ ئوغلى ئابنەرنىڭ ھېبروندا ئۆلگىنىنى ئاڭلىغاندا
قولى بوشىشىپ كەتتى، بارلىق ئىسرائىل دەككە-دۈككىگە
چۈشتى.
2 سائۇلنىڭ ئوغلىنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمىدا ئىككى

---

35:3 **«خۇدا مېنى ئۇرسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق جازالىسۇن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خۇدا مېنىڭ بېشىغا بۇنداق ياكى ئۇنداق قىلسۇن ياكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئارتۇق قىلسۇن!».

38:3 **«پادىشاھ ئۆز خىزمەتكارلىرىغا: بىلەمسىلەر؟...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «پادىشاھ ئۆز خىزمەتكارلىرىغا: بىلمەمسىلەر...؟».

سەردارى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى بائاناھ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى رەكاب
ئىدى. ئۇلار بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان بەئەروتلۇق رىممونىنىڭ
ئوغۇللىرى ئىدى (چۈنكى بەئەروت بىنيامىن قەبىلىسىگە تەۋە ھېس
ابلىناتتى؛ 3 لېكىن بەئەروتلۇقلار گىتتائىمغا قېچىپ بېرىپ ئۇ يەردە
بۇ كۈنگىچە مۇساپىردەك ياشاۋاتىدۇ).
4 سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، پۇتى ئاقساق ئىدى.
سائۇل بىلەن يوناتاننىڭ ئۆلگەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر يىزرەئەلگە
يەتكەندە، ئۇ بەش ياشقا كىرگەن ئىدى. ئىنىك ئانىسى ئۇنى ئېلىپ
قاچتى؛ لېكىن شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئالدىراپ يۈگۈرگەچكە، بالا
چۈشۈپ كېتىپ، ئاقساق بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىسمى مەفىبوشەت
ئىدى.
5 ئەمدى بىر كۈنى بەئەروتلوق رىممونىنىڭ ئوغۇللىرى رەكاب بىلەن
بائاناھ چىڭقى چۈش ۋاقتىدا ئىشبوشەتنىڭ ئۆيىگە باردى.
ئىشبوشەت چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقانىدى. 6 ئۇلار بۇغداي ئالىمىز
دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆينىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ، ئىشبوشەتنىڭ
قورسىقىغا پىچاق سانجىدى. ئاندىن رەكاب ۋە بائاناھ قېچىپ
كەتتى 7 (ئۇلار ئىشبوشەت ھۇجرىسىدا كارىۋاتتا ياتقىنىدا، ئۆيگە
كىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنىدى). ئۇلار ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ،
ئاندىن كاللىسىنى ئېلىپ كېچىچە ئاراباھ تۈزلەڭلىكىدىن مېڭىپ
ئۆتتى. 8 ئۇلار ئىشبوشەتنىڭ كاللىسىنى ھېبرونغا، داۋۇتنىڭ قېشىغا
ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھقا: مانا، بۇ جانابلىرىنىڭ جېنىنى ئىزدىگەن
دۈشمەنلىرى سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەتنىڭ كاللىسى! بۈگۈن
پەرۋەردىگار غوجام پادىشاھنى سائۇل بىلەن نەسلىدىن ئىنتىقام
ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلدى ــ دېدى.
9 داۋۇت بەئەروتلۇق رىممونىنىڭ ئوغۇللىرى رەكاب بىلەن
ئىنىسى بائاناھغا: مېنى بارلىق قىيىنچىلىقلاردىن قۇتقۇزغان

---

**2:4** يە. 17:9؛ 25:18

**4:4** 2سام. 9:3-13

پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، [10] بۇرۇن
بىرسى داۋۇتقا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، دەپ ئويلاپ، ماڭا: ــ
مانا، سائۇل ئۆلدى، دەپ كەلگەندە، مەن ئۇنى ئېلىپ زىكلاگتا
ئۆلتۈرۈۋەتتىم. بەرھەق، مانا بۇ ئۇنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنىڭ
مۇكاپاتى بولغاندى! [11] ئەمدى مەن شۇنداق قىلغان يەردە،
رەزىل ئادەملەر ئۆز ئۆيىدە ئورۇندا ياتقان بىر ھەققانىي
كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، مەن نېمە قىلاي؟! ئۇنىڭ ئاققان قان
قەرزىنى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن ئېلىپ، سىلەرنى يەر يۈزىدىن
يوقاتمامدىم؟ ــ دېدى.
[12] داۋۇت غۇلاملىرىغا بۇيرۇق قىلىۋىدى، ئۇلار بۇلارنى قەتل
قىلدى. ئۇلارنىڭ قول-پۇتلىرىنى كېسىپ، ئۇلارنى ھېبروندىكى
كۆلنىڭ يېنىدا ئېسىپ قويدى؛ لېكىن ئۇلار ئىشبوشەتنىڭ
بېشىنى ئېلىپ ھېبروندا ئابنەرنىڭ قەبرىسىدە دەپنە
قىلدى.

## داۋۇت ئىسرائىلغا پادشاھ بولۇشقا مەسھ قىلىنىدۇ

1تار. 11:1-9؛ 14:1-17

5 [1] ئاندىن كېيىن ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى ھېبرونغا
داۋۇتنىڭ قېشىغا كېلىپ: قارىسىلا، بىز ئۆزلىرىنىڭ ئەت-
سۆڭەكلىرىدۇرمىز! [2] بۇرۇن سائۇل بىزنىڭ ئۈستىمىزدە سەلتەنەت
قىلغاندىمۇ ئىسرائىل خەلقىگە جەڭگە چىقىپ-كىرىشكە
يولباشچى بولغان ئۆزلىرى ئىدىلا؛ پەرۋەردىگار سىلىگە: سەن

---

**10:4** 2سام. 15:1
**12:4** «رەكاب بىلەن بائاناھنىڭ قول-پۇتلىرىنى كېسىپ، ئۇلارنى ھېبروندىكى كۆلنىڭ يېنىدا ئېسىپ قويدى» ــ «ئۇلارنى» بەلكىم رەكاب بىلەن بائاناھنىڭ قول-پۇتلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى جەسەتلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.
**12:4** 2سام. 32:3

مېنىڭ خەلقىم ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى بولۇپ، ئۇلارنى باقىسەن،
ئىسرائىلنىڭ ئەمىرى بولىسەن، دېگەنىدى ــ دېدى.
[3]شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى ھېبروندا
پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى؛ داۋۇت پادىشاھ ھېبروندا، پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزۈشتى. ئاندىن ئۇلار داۋۇتنى ئىسرائىلغا
پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلدى.
[4]داۋۇت پادىشاھ بولغاندا ئوتتۇز ياشقا كىرگەن بولۇپ، قىرىق يىل
سەلتەنەت قىلدى. [5]ئۇ ھېبروندا يەھۇدانىڭ ئۈستىدە يەتتە يىل
ئالتە ئاي سەلتەنەت قىلىپ، يېرۇسالېمدا پۈتكۈل ئىسرائىل بىلەن
يەھۇدانىڭ ئۈستىدە ئوتتۇز ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى.
[6]پادىشاھ ئۆز ئادەملىرى بىلەن يېرۇسالېمغا چىقىپ، شۇ زېمىندا
تۇرغان يەبۇسىيلار بىلەن جەڭ قىلغىلى باردى. ئۇلار داۋۇتقا: سەن
بۇ يەرگە كىرەلمەيسەن، بەلكى ھەتتا كورلار بىلەن ئاقساقلار سېنى
چېكىندۇرىدۇ! ــ دېدى. چۈنكى ئۇلار: «داۋۇت بۇ يەرگە قەتئىي
كىرەلمەيدۇ»، دەپ ئويلايتتى. [7]لېكىن داۋۇت زىئون قورغىنىنى ئالدى
(بۇ يەر داۋۇتنىڭ شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ).
[8]داۋۇت ئۇ كۈنى: كىمكى يەبۇسىيلارنى ئۇراي دېسە سۇ ئۆتكۈچ بىلەن
چىقىشى كېرەك، ئاندىن ئۇ داۋۇت قىن-قىنىدىن ئۆچ كۆرىدىغان بۇ

---

2:5 **«ئىسرائىل خەلقىگە جەڭگە چىقىپ-كىرىشكە يولباشچى بولغان ئۆزلىرى ئىدىلا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىسرائىلنىڭ چىقىشىدا ھەم كىرىشىدە ئۇلارغا باشلىغۇچى ئىدىلا» دېگەنلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ مۇشۇ ئىبارە ئىسرائىلنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

2:5 2سام. 7:7؛ زەب. 78:70-72

5:5 2سام. 11:2؛ 1پاد. 2:11؛ 1تار. 3:4

6:5 **«بەلكى ھەتتا كورلار بىلەن ئاقساقلار سېنى چېكىندۇرىدۇ! ــ دېدى. چۈنكى ئۇلار: «داۋۇت بۇ يەرگە قەتئىي كىرەلمەيدۇ»، دەپ ئويلايتتى»** ــ بۇ ئىككى جۈملىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «بەلكى سەن كورلار بىلەن ئاقساقلارنى ھەيدىۋەتمىسەڭ، بۇ يەرگە كىرەلمەيسەن، ــ دېدى، داۋۇتنى ھەرگىز بۇ يەرگە كىرمەيدۇ، دەپ ئويلاتتى».

7:5 **«زىئون قورغىنىنى»** ــ «زىئون» يېرۇسالېمنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزلىك بولۇپ، شۇ يەرگە دائىم قورغان سېلىنىپ تۇراتتى. كېيىن ئىبادەتخانىمۇ زىئوندا قۇرۇلغان. كېيىن «زىئون» دېگەن ئىسىم بەزىدە پۈتكۈل يېرۇسالېم شەھىرىگىمۇ ۋە بەزىدە ئىسرائىلنىڭ ئۆزىگىمۇ ۋەكىللىك بولغان.

كور، ئاقساقلار بىلەن ھېساپلىشالايدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن «كورلار يا ئاقساقلار ئۆيگە كىرمىسۇن» دەيدىغان ماقال پەيدا بولدى.
[9] شۇنداق قىلىپ داۋۇت قورغاندا تۇردى ۋە ئۇ يەرنى «داۋۇتنىڭ شەھىرى» دەپ ئاتىدى. داۋۇت شەھەرنىڭ ئەتراپىغا مىللودىن تارتىپ ئىچ تەرەپكىچە ئىمارەت سالدى. [10] داۋۇت بارغانسېرى قۇدرەت تاپتى؛ ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى.
[11] تۇرنىڭ پادىشاھى ھىرام داۋۇتنىڭ قېشىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلار بىلەن قوشۇپ، كېدىر ياغاچلىرى، ياغاچچىلار ۋە تاشچىلارنى ئەۋەتتى؛ ئۇلار داۋۇت ئۈچۈن بىر ئوردا ياساپ بەردى. [12] داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنى ئىسرائىلغا پادىشاھ تىكلەپ، ئۆز خەلقى ئىسرائىل ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى گۈللەندۈرگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.
[13] داۋۇت ھېبروندىن كەلگەندىن كېيىن يېرۇسالېمدىن يەنە ئاياللارنى ۋە كېنىزەكلەرنى ئالدى؛ شۇنىڭ بىلەن داۋۇتقا يەنە كۆپ ئوغۇل-قىزلار تۇغۇلدى.

---

8:5 **«كىمكى يەبۇسىيلارنى ئۇراي دېسە، سۇ ئۆتكۈچ بىلەن چىقىشى كېرەك»** ــ بۇ سىرلىق سۆزنىڭ مەنىسى پەقەت يېقىندا ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈپ تاپقان تارىخىي ئىزلاردىن ئېنىقلاندى. ئەسلىدە يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ ئاستىدا مەخپىي بىر سۇ يولى بار ئىدى؛ شەھەردە بۇ سۇ يولىغا تۇتىشىدىغان تىك بىر قۇدۇق بار ئىدى. داۋۇتنىڭ ئادەملىرى شۇ قۇدۇقتىن يامىشىپ چىققان بولسا كېرەك. **«كورلار يا ئاقساقلار ئۆيگە كىرمىسۇن»** ــ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەلكىم (1) ھېچقانداق بۇتپەرەس ئادەملەرنىڭ (مەسىلەن، يەبۇسىيلارنىڭ) پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىشىگە رۇخسەت يوق؛ (2) داۋۇت يەبۇسىيلار تايانغان ھەرقانداق بۇتلار («كور ۋە ئاقساقلار»)نى ھەرگىز ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىلمايتتى (دېمەك، بۇتلار «كور»، «ئاقساق»لاردەك ھېچنېمە قىلالمايدۇ). بۇ سۆز كورلار ۋە ئاقساقلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى كېيىن ئاقساق بولغان مەفىبوشەت ھەركۈنى داۋۇت بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇراتتى.

**8:5** 1تار. 6:11

**9:5** **«مىللودىن تارتىپ ئىچ تەرەپكىچە ئىمارەت سالدى»** ــ «مىللو»: «پەلەمپەيلىك يەر» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

**13:5** 1تار. 9:3؛ 3:14-7

14 يېرۇسالېمدا ئۇنىڭدىن تۇغۇلغانلارنىڭ ئىسىملىرى مانا مۇنداق ئىدى: شاممۇئا، شوباب، ناتان، سۇلايمان، 15 ئىبھار، ئېلىشۇئا، نەفەگ، يافىيا، 16 ئېلىشاما، ئېلىئادا ۋە ئېلىفەلەت.

## فىلىستىيە بىلەن جەڭ قىلىش

17 فىلىستىيلەر داۋۇتنىڭ ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلەنگىنىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلار ھەممىسى داۋۇتنى تۇتقىلى چىقتى، داۋۇت بۇنى ئاڭلاپلا، قورغانغا چۈشتى.
18 فىلىستىيلەر كېلىپ «رەفايىم جىلغىسى»دا يېيىلىپ تۇردى؛ 19 داۋۇت پەرۋەردىگاردىن يول سوراپ: فىلىستىيلەرگە قارشى ئاتلىنايمۇ؟ ئۇلارنى قولۇمغا تاپشۇرارسەنمۇ؟ ــ دېدى. پەرۋەردىگار داۋۇتقا: چىققىن! چۈنكى، مەن فىلىستىيلەرنى جەزمەن قولۇڭغا تاپشۇرىمەن ــ دېدى.
20 ئۇ ۋاقىتتا داۋۇت بائال-پەرازىمغا باردى. ئۇ يەردە داۋۇت ئۇلارنى تارمار قىلدى. ئۇ: ــ «پەرۋەردىگار مېنىڭ ئالدىمدا دۈشمەنلىرىم ئۈستىگە خۇددى كەلكۈن يارنى ئېلىپ كەتكەندەك بۆسۈپ كىردى» ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرنى «بائال-پەرازىم» دەپ ئاتىدى. 21 فىلىستىيلەر ئۇ يەردە ئۆز مەبۇدلىرىنى تاشلاپ كەتتى؛ داۋۇت بىلەن ئادەملىرى ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى.
22 ئەمدى فىلىستىيلەر يەنە چىقىپ «رەفايىم جىلغىسى»دا يېيىلىپ تۇردى.
23 داۋۇت پەرۋەردىگاردىن يول سورىدى. پەرۋەردىگار: سەن ئۇ يەرگە چىقماي، بەلكى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ ئۇدۇلىدىن ھۇجۇم قىلغىن ــ دېدى،

18:5 **«رەفايىم جىلغىسى»** ــ يېرۇسالېمغا يېقىن، ھىننوم جىلغىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە.
20:5 **«بائال-پەرازىم»** ــ «بۆسۈپ چىققۇچىلارنىڭ رەببى» دېگەن مەنىدە.
20:5 يەش. 21:28
23:5 **«ئۈجمە دەرەخلىرى»** ــ بۇ بىزنىڭ قىياسىمىز. ئىبرانىي تىلدا «يىغلىغۇچى دەرەخلەر». زادى قايسى دەرەخ ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. باشقا بىر قىياس «خىنە دەرەخلىرى».

24 شۇنداق بولدۇكى، سەن ئۆجمە دەرەخلىكىنىڭ ئۈستىدىن ئاياغ
تىۋىشىنى ئاڭلىشىڭ بىلەنلا دەرھال ئاتلان؛ چۈنكى شۇ تاپتا پەرۋەردىگار
فىلىستىيلەرنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇمغا چىققان بولىدۇ، ــ دېدى.
25 داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا ئەمر قىلغىنىدەك قىلىپ،
فىلىستىيلەرنى گىبېئوندىن گەزەرگىچە قوغلاپ قىردى.

## داۋۇت ئەھدە ساندۇقىنى يېرۇسالېمغا ئەكىلدۇ

1تار. 13:1-14؛ 15:25-29؛ 16:1-3

6 1داۋۇت ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىن بارلىق سەرخىل ئادەملەرنى
يىغىۋىدى، بۇلار ئوتتۇز مىڭ چىقتى. 2ئاندىن داۋۇت ۋە ئۇنىڭغا
ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى يۆتكەپ
كېلىش ئۈچۈن يەھۇدادىكى بائالاھغا چىقتى؛ ساندۇق مۇقەددەس
نام بىلەن، يەنى كېرۇبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇچى ساماۋىي
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن
ئاتالغانىدى. 3ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى دۆڭدە ئولتۇرۇشلۇق
ئابىنادابنىڭ ئۆيىدە يېڭى بىر ھارۋىغا سېلىپ، ئۇنى شۇ يەردىن
ئېلىپ چىقتى. ئابىنادابنىڭ ئوغۇللىرى ئۇززاھ بىلەن ئاھيو ئۇ يېڭى
ھارۋىنى ھەيدىدى. 4ئۇلار ھارۋىنى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى بىلەن
دۆڭدە ئولتۇرۇشلۇق ئابىنادابنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقتى؛ ئاھيو
ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. 5داۋۇت بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىل
جەمەتىدىكىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تەنتەنە قىلىپ كۆي ئوقۇپ
چىلتار، تەمبۇر، داپ، داقا-دۇمباق ۋە جاڭلار چېلىپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

---

25:5 **«گىبېئوندىن»** ــ ياكى «گېبادىن».

2:6 **«يەھۇدادىكى بائالاھ»** ــ (ياكى «بائالاھ-جەھۇداغا») ــ باشقا ئىسمى «كىرىئات-يېئارىم» («1سام.» 7:2، «1تار.» 13:6نى كۆرۈڭ).

3:6 1سام. 6:7؛ 8؛ 7:1، 2

5:6 **«تەنتەنە قىلىپ كۆي ئوقۇپ... »** ــ ياكى «ھەرخىل ئارچا ياغاچلىرىدىن ياسالغان سازلارنى چېلىپ...». **«داقا-دۇمباق»** ــ ياكى «شاقىلداق(لار)».

6 لېكىن ئۇلار ناكونىنىڭ خامىنىغا كەلگەندە، كالىلار ئالدىغا
مۆدۈرەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇززاھ قولىنى سوزۇپ خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى تۇتۇۋالدى. 7 پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئۇززاھقا قوزغالدى؛
ئۇ خاتا قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنى خۇدا شۇ يەردە ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇززاھ خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ يېنىغا يىقىلىپ ئۆلدى.

8 لېكىن داۋۇت بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ئۇززاھنىڭ تېنىنى
بۆسكەنلىكىگە ئاچچىقلاندى ۋە ئۇ يەرنى «پەرەز-ئۇززاھ» دەپ
ئاتىدى؛ ئۇ يەر بۈگۈنكى كۈنگىچە شۇنداق ئاتىلىدۇ. 9 ئۇ كۈنى
داۋۇت پەرۋەردىگاردىن قورقۇپ: پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
ئۆزۈمنىڭكىگە قايسى يول بىلەن ئەكېلەرمەن؟ ــ دېدى.
10 شۇنىڭ ئۈچۈن داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى «داۋۇت
شەھىرى»گە، ئۆزىنىڭكىگە يۆتكەشنى خالىمىدى؛ داۋۇت ئۇنى ئېلىپ
بېرىپ، گاتلىق ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىدە قالدۇردى.
11 پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى گاتلىق ئوبەد-ئېدومنىڭ
ئۆيىدە ئۈچ ئاي تۇردى؛ پەرۋەردىگار ئوبەد-ئېدوم ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل
ئۆيىدىكىلەرنى بەرىكەتلىدى.
12 داۋۇت پادىشاھقا: ــ «پەرۋەردىگار ئۆز ئەھدە ساندۇقى ۋەجىدىن
ئوبەد-ئېدوم ۋە ئۇنىڭ بارىنى بەرىكەتلىدى» دەپ ئېيتىلدى. شۇڭا
داۋۇت خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ
چىقىپ، خۇشلۇق بىلەن داۋۇتنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى.
13 پەرۋەردىگارنىڭ ساندۇقىنى كۆتۈرگەنلەر ئالتە قەدەم مېڭىپ،
شۇنداق بولدىكى، ئۇ بىر بۇقا بىلەن بىر بورداق موزاينى قۇربانلىق
قىلدى. 14 داۋۇت بولسا كاناپ ئەفودنى كىيىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا

8:6 **«پەرەز-ئۇززاھ»** ــ «ئۇززاھقا بۆسۈپ كىرىش» دېگەن مەنىدە.

12:6 **«پەرۋەردىگار ئۆز ئەھدە ساندۇقى ۋەجىدىن...»** ــ ئىبرانيي تىلدا «پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ۋەجىدىن...».

13:6 **«پەرۋەردىگارنىڭ ساندۇقىنى كۆتۈرگەنلەر ئالتە قەدەم مېڭىپ، شۇنداق بولدىكى،**

كۆچىنىڭ بارىچە ئۇسسۇل ئوينايتتى؛ [15] داۋۇت بىلەن ئىسرائىلنىڭ
پۈتكۈل جەمەتى تەنتەنە قىلىپ ۋارقىرىشىپ، كاناي چېلىشىپ
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ چىقىۋاتاتتى.
[16] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى داۋۇتنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ
كىرىلگىنىدە، سائۇلنىڭ قىزى مىقال دېرىزىدىن قاراپ،
داۋۇت پادىشاھنىڭ سەكرەپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل
ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز كۆڭلىدە مەنسىتمىدى.
[17] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كىرىپ، داۋۇت
ئۇنىڭ ئۈچۈن تىكتۈرگەن چېدىرنىڭ ئوتتۇرسىدا قويدى. ئاندىن
داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئىناقلىق
قۇربانلىقلىرىنى سۇندى.
[18] داۋۇت كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى
كەلتۈرۈپ بولۇپ، خالايىققا ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا بەخت-بەرىكەت تىلىدى. [19] ئۇ پۈتكۈل
ئىسرائىل جامائىتىگە، ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن
قوتۇرماچ، بىردىن خورما پوشكىلى ۋە بىردىن ئۈزۈم پوشكىلىنى
تەقسىم قىلىپ بەردى. ئاندىن خەلقنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە يېنىپ
كەتتى.
[20] داۋۇت ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن يېنىپ
كەلگەندە، سائۇلنىڭ قىزى مىقال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: بۈگۈن
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆزىنى شۇنچە شەرەپلىك كۆرسەتتىمۇ،

---

**ئۇ بىر بۇقا بىلەن بىر بورداق موزاينى قۇربانلىق قىلدى»** ــ «ئالتە قەدەم» بىزنىڭچە بۇ دەسلەپكى ئالتە قەدەمنى كۆرستىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇلار ھەر ئالتە قەدەم ماڭغاندا، بىر قېتىم بۇقا ۋە بورداق موزاي قۇربانلىق قىلدى». لېكىن ئۇنداق بولسا، ئىلگەرلەش بەك ئاستا بولاتتى!

14:6 **«داۋۇت بولسا كاناپ ئەفودنى كىيىپ...»** ــ «ئەفود» ئادەتتە پەقەت كاھىنلار كىيىدىغان جىلتكىدەك قىسقا بىر كۆينەك ئىدى. بىزنىڭ «تەبىرلەر»ىمىزنى كۆرۈڭ. داۋۇتنىڭ ئەفودنى كىيىشى بەلكىم ئۇسسۇل ئويناشقا ئازادە بولۇش ئۈچۈن ئىدى (14-ئايەتنى كۆرۈڭ).

19:6 **«بىردىن خورما پوشكىلى»** ــ ياكى «بىر يۈتۈم شاراب» ياكى «بىر پارچە گۆش».

قانداق؟ ئۇ خۇددى پەس بىر ئادەمنىڭ نومۇسسىزلاچە ئۆزىنى
يالىڭاچلىغىنىغا ئوخشاش، خىزمەتكارلىرىنىڭ دېدەكلىرىنىڭ كۆز
ئالدىدا ئۆزىنى يالىڭاچلىدى!
21 داۋۇت مىقالغا: ئۇنداق شادلانغىنىم پەرۋەردىگار ئالدىدا ئىدى.
ئۇ ئاتاڭ ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى ئۆرۈپ، مېنى پەرۋەردىگارنىڭ
خەلقى بولغان ئىسرائىل ئۈستىگە باشلامچى قىلىپ تىكلىدى. شۇڭا
مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئوينايمەن! 22 ئەمەلىيەتتە مەن
ئۆزۈمنى تېخىمۇ ئەرزىمەس قىلىپ، ئۆز نەزىرىمدە ئۆزۈم تۆۋەن بولۇشقا
رازىمەن. لېكىن سەن ئېيتقان ئۇ دېدەكلەرنىڭ نەزىرىدە بولسا،
ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىمەن ــ دېدى.
23 سائۇلنىڭ قىزى مىقال بولسا، ئۆلىدىغان كۈنىگىچە بالا تۇغمىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتقا قىلغان ئۇلۇغ ۋەدىلىرى

1تار. 17:1-27

7 1 پادىشاھ ئۆز ئوردىسىدا تۇراتتى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا
ئەتراپىدىكى بارلىق دۈشمەنلىرىدىن ئارام بەرگەندىن كېيىن،
2 پادىشاھ ناتان پەيغەمبەرگە: مانا قارا، مەن كېدىر ياغىچىدىن
ياسالغان ئۆيدە ئولتۇرىمەن، لېكىن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى بىر
چېدىرنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ ــ دېدى.
3 ناتان پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: كۆڭلۈڭدە نېمە ئويلىغىنىڭ بولسا،
شۇنى قىلغىن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سېنىڭ بىلەن بىللىدۇر ــ دېدى.
4 لېكىن كېچىدە شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ناتانغا

20:6 **«...ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن...»** ــ «مۇبارەكلەش» مۇشۇ يەردە «بەخت-بەرىكەت تىلەش»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«بۈگۈن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ... خىزمەتكارلىرىنىڭ دېدەكلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنى يالىڭاچلىدى!»** ــ «ئۆزىنى يالىڭاچلىدى» دېگەن گەپ ئەركىنرەك ئۇسسۇل ئويناشقا داۋۇتنىڭ «ئەفود»نى كىيگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2:7 **«خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە «چېدىرنىڭ ئىچىدە» ئىبرانيي تىلىدا «پەردىلەر ئىچىدە» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

كېلىپ مۇنداق دېگەندە: [5] ــ بېرىپ قۇلۇم داۋۇتقا دېگىن: «پەرۋەردىگار:
ــ «سەن دەرۋەقە ماڭا تۇرىدىغانغا ئۆي سالماقچىمۇسەن؟» ــ دەيدۇ. [6] ــ
«مەن ئىسرائىللارنى مىسىردىن چىقارغاندىن تارتىپ، بۇ كۈنگىچە
بىر ئۆيدە ئولتۇرمىدىم، بەلكى بىر چېدىرنى ماكان قىلىپ، كېزىپ
يۈردۈم. [7] مەن ئۆزۈم بارلىق ئىسرائىللار بىلەن يۈرگەن ھەممە يەرلەردە،
خەلقىم ئىسرائىلنى پادىچى بولۇپ بېقىشقا ئەمر قىلغانلارغا، يەنى
ئىسرائىلنىڭ ھەرقانداق قەبىلىسىنىڭ بىر يېتەكچىسىگە: نېمىشقا
ماڭا كېدىر ياغاچتىن بىر ئۆي ياسىمايسىلەر؟ ــ دەپ باققانمۇ؟ [8] ئەمدى
قۇلۇم داۋۇتقا مۇنداق دېگىن: ــ ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار: ــ سېنى خەلقىم ئىسرائىلغا باشلامچى قىلىپ تىكلەش
ئۈچۈن سېنى يايلاقلاردىن، قوي بېقىشتىن ئېلىپ كەلدىم، ــ دەيدۇ، [9] ــ
ۋە مەيلى قەيەرگە بارمىغىن، مەن ھامان سېنىڭ بىلەن بىللە بولدۇم
ۋە سېنىڭ ئالدىڭدىن بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى يوقىتىپ كەلدىم؛ يەر
يۈزىدىكى ئۇلۇغلار نام-شۆھرەتكە ئىگە بولغاندەك سېنى ئۇلۇغ نام-
شۆھرەتكە سازاۋەر قىلدىم. [10-11] مەن خەلقىم بولغان ئىسرائىلغا بىر
جاينى بېكىتىپ، ئۇلارنى شۇ يەردە تىكىپ ئۆستۈرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار ئۆز زېمىنىدا تۇرىدىغان، پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمايدىغان
بولىدۇ. رەزىللەر دەسلەپتىدىكىدەك، شۇنداقلا مەن خەلقىم
ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھاكىملارنى تەيىنلىگەن
كۈنلەردىكىدەك، ئۇلارغا قايتىدىن زۇلۇم سالمايدۇ. مەن ھازىر ساڭا
ھەممە دۈشمەنلىرىڭدىن ئارام بەردىم. ئەمدى مەنكى پەرۋەردىگار
ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن سېنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆينى قۇرۇپ
بېرىمەن!» ــ دەيدۇ.

---

5:7 **«قۇلۇم داۋۇت»** ــ «قۇل» دېگەن ئۇقۇم توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

7:7 **«ئىسرائىلنىڭ ھەرقانداق قەبىلىسىنىڭ بىر يېتەكچىسى...»** ــ «1تار.» 6:17دە «ئىسرائىلنىڭ ھەرقانداق يېتەكچى ھاكىمى» دېيىلىدۇ.

**9:7** 2سام. 14،6:8.

11-10:7 **«سەن ئۈچۈن بىر ئۆي قۇرۇپ بېرىمەن»** ــ داۋۇت ئەسلى خۇدا ئۈچۈن بىر ئۆي قۇرماقچى بولغان، لېكىن خۇدا داۋۇتقا: ساڭا بىر ئۆي (ئائىلە، جەمەت، سۇلالە دېگەن مەنىدە) قۇرۇپ

[12] «كۈنلىرىڭ توشۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلەن ئۆلۈمدە ئۇخلىغىنىڭدا،
مەن ئۆز پۇشتىڭدىن بولغان نەسلىڭنى سېنىڭ ئورنۇڭدا تۇرغۇزۇپ،
پادىشاھلىقىنى مەزمۇت قىلىمەن. [13] مېنىڭ نامىم ئۈچۈن بىر ئۆينى
ياسىغۇچى ئۇ بولىدۇ، ۋە مەن ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى ئەبەدگىچە
مۇستەھكەم قىلىمەن. [14] مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇ ماڭا ئوغۇل
بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قەبىھلىك قىلسا، ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ تايىقى
بىلەن ۋە ئادەم بالىلىرىنىڭ ساۋاق-دۇمبالاشلىرى بىلەن تەربىيە
بېرىمەن. [15] ئەمما مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆرۈۋەتكەن سائۇلدىن مېھىر-
شەپقىتىمنى جۇدا قىلغىنىمدەك، ئۇنىڭدىن مېھىر-شەپقىتىمنى جۇدا
قىلمايمەن. [16] شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئۆيۈڭ ۋە سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ
ئالدىڭدا ھەمىشە مەزمۇت قىلىنىدۇ؛ تەختىڭ ئەبەدگىچە مەزمۇت
تۇرغۇزۇلىدۇ».

[17] ناتان بۇ بارلىق سۆزلەر ۋە بارلىق ۋەھىينى ھېچنېمە قالدۇرماي،
داۋۇتقا ئېيتىپ بەردى.

[18] ئاندىن داۋۇت پادىشاھ كىرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ
مۇنداق دېدى: «ئى، رەب پەرۋەردىگار، مەن زادى كىم ئىدىم، مېنىڭ
ئۆيۈم نېمە ئىدى، سەن مېنى مۇشۇ دەرىجىگە كۆتۈرگۈدەك؟ [19] لېكىن، ئى
رەب پەرۋەردىگار، مېنىڭ بۇ مەرتىۋەم سېنىڭ نەزىرىڭدە كىچىككىنە
بىر ئىش ھېسابلاندى؛ چۈنكى سەن مەن قۇلۇڭنىڭ ئۆيىنىڭ يىراق

---

بېرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

**12:7 «مەن ئۆز پۇشتىڭدىن بولغان نەسلىڭنى سېنىڭ ئورنۇڭدا تۇرغۇزۇپ، ...»** — مۇشۇ يەردە «پۇشتىڭدىن» — ئىبرانىي تىلدا «ئىچ-باغرىڭدىن».

**12:7** 1پاد. 20:8

**13:7** 1پاد. 19:5؛ 12:6؛ 1تار. 10:22

**14:7 «ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ تايىقى بىلەن ۋە ئادەم بالىلىرىنىڭ ساۋاق-دۇمبالاشلىرى بىلەن تەربىيە بېرىمەن»** — دېمەك، داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان پادىشاھلار گۇناھ قىلسا، خۇدا ئۇلارغا ئىنسانىي ۋاستە (بەلكىم دۈشمەنلىك ۋاستىسى) بىلەن تەربىيە بېرىدۇ.

**14:7** زەب. 89:26-27، 31؛ ئىبر. 5:1

**16:7 «...سېنىڭ ئۆيۈڭ ۋە سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ ئالدىڭدا ھەمىشە مەزمۇت قىلىنىدۇ»** — ياكى «...سېنىڭ ئۆيۈڭ ۋە سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ ئالدىمدا ھەمىشە مەزمۇت قىلىنىدۇ».

**كەلگۈسى توغرۇلۇق سۆزلىدىڭ؛ بۇ ھەممىلا ئادەمگە دائىم بولىدىغان
ئىشمۇ، ئى، رەب پەرۋەردىگار؟ [20] ئەمدى داۋۇت ساڭا يەنە نېمە دېسۇن؟
سەن ئۆز قۇلۇڭنى تونۇيسەن، ئى، رەب پەرۋەردىگار! [21] سەن سۆز-ۋەدەڭ
ۋەجىدىن، ئۆز كۆڭلۈڭدىكىگە ئاساسەن بۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ ھەممىسىنى
قۇلۇڭ بىلسۇن دەپ بېكىتىپ قىلغانسەن. [22] شۇڭا سەن ئۇلۇغسەن، ئى
پەرۋەردىگار؛ قۇلاقلىرىمىز بارلىق ئاڭلىغىنىدەك، سېنىڭ تەڭدىشىڭ
يوق، سەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر.
[23] خەلقىڭ ئىسرائىلدەك يەنە باشقا بىر ئەل بارمۇ، ئۇلار جاھاندا
ئالاھىدە تۇرىدۇ؟ ــ چۈنكى سەن خۇدا ئۇلارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ
ئۆزۈڭگە خاس بىر خەلق قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا نام-شۆھرەتكە
ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۆزۈڭ باردىڭ؛ سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن مىسىردىن،
ئەللەردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىدىن قۇتقۇزۇپ چىققان خەلقىڭ
ئالدىدا زېمىنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە دەھشەتلىك ئىشلارنى قىلدىڭ. [24]
سەن خەلقىڭ ئىسرائىلنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئەبەدگىچە بىر خەلق بولۇشقا
بېكىتتىڭ؛ سەن، ئى پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ خۇداسى بولدۇڭ.
[25] ئەمدى ھازىر، ئى پەرۋەردىگار خۇدا، ئۆز قۇلۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆيى**

---

19:7 **«مېنىڭ بۇ مەرتىۋەم سېنىڭ نەزىرىڭدە كىچىككىنە بىر ئىش ھېسابلاندى»** ــ دېمەك، «سەن (ئاللىقاچان) مېنى مۇشۇ (يۇقىرى) دەرىجىگە كۆتۈرگەنىكەنسەن...» دېگەن سۆز (18-ئايەتنى كۆرۈڭ) ئۇنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن خۇدا بۇ ئىمتىيازدىن يەنە كۆپ ئىمتىيازلارنى قوشۇپ بەرمەكچى. 9-16-ئايەتلەرنى قايتىدىن كۆرۈڭ. «بۇ ھەممىلا ئادەمگە دائىم بولىدىغان ئىشمۇ، ئى، رەب پەرۋەردىگار؟» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بۇ ئىش بارلىق ئىنسانىيەتكە بولىدىغان ۋەھيى، رەب پەرۋەردىگار!».

**22:7** قان. 24:3؛ 35:4؛ 39:32؛ 1سام. 2:2؛ زەب. 8:86؛ يەش. 5:45، 18، 22؛ مار. 29:12، 32

23:7 **«ئۇلارنى... قۇتقۇزۇپ ئۆزۈڭگە خاس بىر خەلق قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا نام-شۆھرەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۆزۈڭ باردىڭ»** ــ تېكىستنىڭ ئېنىق مەنىسى شۇكى، ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خۇدا ئۆزى شەخسەن مىسىرغا بارغان. **«...ئۇلارنى... ئەللەردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىدىن قۇتقۇزۇپ چىققان»** ــ مۇشۇ ئىبارە بەلكىم خۇدانىڭ ئىسرائىل ئالدىدا پەلەستىن زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان بۇتپەرەس ئەللەرنى قوغلىۋېتىشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**23:7** قان. 7:4، 34؛ 21:10؛ 29:33؛ زەب. 20-19:147

تـوغرىـسـىـدا ئـېـيـتقان ۋەدەڭـگە ئـەبـەدگـىـچـە مـەزمـۇت ئـەمـەل قـىـلـغـىـن؛
سـەن دېـگـەنـلـىـرىـڭ بـويـىـچـە ئـىـشـنـى ئـادا قـىـلـغـايـسـەن! 26 سـىـنـىـڭ
نـامـىـڭ ئـەبـەدگـىـچـە ئـۇلـۇغـلـىـنـىـپ: ــ سـامـاۋىي قـوشـۇنـلارنـىـڭ سـەردارى
بـولـغـان پـەرۋەردىـگـار ئـىـسـرائـىـلـنـىـڭ ئـۈسـتـىـدە تـۇرىـدىـغـان خـۇدادۇر، دەپ
ئـېـيـتـىـلـسـۇن، شـۇنـداقـلا ئـۆز قـۇلـۇڭـنـىـڭ ئـۆيـى-سـۇلالـىـسـى سـېـنـىـڭ ئـالـدىـڭـدا
مـەزمـۇت تـۇرغـۇزۇلـسـۇن.
27 چـۈنـكـى سـەن، ئـى سـامـاۋىي قـوشـۇنـلارنـىـڭ سـەردارى بـولـغـان پـەرۋەردىـگـار،
ئـىـسـرائـىـلـنـىـڭ خـۇداسـى ئـۆز قـۇلـۇڭـغـا: مـەن سـاڭـا بـىـر ئـۆيـى-سـۇلالـە قـۇرۇپ
بـېـرىـمـەن، دەپ ۋەھـيـي قـىـلـدىـڭ؛ شـۇڭـا قـۇلـۇڭ بـۇ دۇئـانـى سـېـنـىـڭ ئـالـدىـڭـدا
قـىـلـىـشـقـا جـۈرئـەت قـىـلـدى.
28 ئـەمـدى سـەن، ئـى رەب پـەرۋەردىـگـار، بـىـردىـنـبـىـر خـۇدادۇرسـەن، سـېـنـىـڭ
سـۆزلـىـرىـڭ ھـەقـىـقـەتـتـۇر ۋە سـەن بـۇ بـەخـت-ئـىـلـتـىـپـاتـنـى ئـۆز قـۇلـۇڭـغـا ۋەدە
قـىـلـدىـڭ؛ 29 شـۇڭـا قـۇلـۇڭـنـىـڭ ئـۆيـى-جـەمـەتـىـنـى سـېـنـىـڭ ئـالـدىـڭـدا مـەڭـگـۈ
تـۇرۇشـقـا نـېـسـىـپ قـىـلـىـپ بـەرىـكـەتـلـىـگـەيـسـەن؛ چـۈنـكـى سـەن، ئـى رەب
پـەرۋەردىـگـار، بـۇنـى ۋەدە قـىـلـغـانـسـەن؛ بـۇ بـەخـت-ئـىـلـتـىـپـاتـىـڭ بـىـلـەن
ئـۆز قـۇلـۇڭـنـىـڭ ئـۆيـى-جـەمـەتـى ئـەبـەدگـىـچـە بـەخـت-ئـىـلـتـىـپـاتـقـا نـېـسـىـپ
بـولـىـدۇ».

## داۋۇت ئەتراپىدىكى ئەللەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرىدۇ

1تار. 18:1-14

8 1 بۇ ئـىـشـلاردىـن كـېـيـىـن شـۇنـداق بـولـدىـكـى، داۋۇت فـىـلـىـسـتـىـيـلـەرگـە
ھـۇجـۇم قـىـلـىـپ، ئـۇلارنـى بـويـسـۇنـدۇردى. شـۇنـداق قـىـلـىـپ، داۋۇت
فـىـلـىـسـتـىـيـلـەرنـىـڭ قـولـىـدىـن مـەركـىـزىي شـەھـەرنـىـڭ ھـوقـۇقـىـنـى ئـالـدى.
2 ئـۇ ھـەم مـوئـابـىـيـلارغـا ھـۇجـۇم قـىـلـىـپ، ئـۇلارنـىـمـۇ مـەغـلـۇپ قـىـلـدى. ئـۇ

---

28:7 يـۇھ. 17:17

1:8 «...مەركىزىي شەھەرنىڭ ھوقۇقىنى ئالدى» ــ ياكى «مەتتەگ-ئامماھ شەھىرىنى ئالدى».

ئۆلارنى يەرگە ياتقۇزۇپ، تانا بىلەن ئۆلچەپ، ئىككى تانا كەلگەنلەرنى ئۆلتۈردى، بىر تانا كەلگەنلەرنى تىرىك قالدۇردى. موئابىيلار بولسا داۋۇتقا بېقىنىپ، ئۇنىڭغا سېلىق تاپشۇردى.
[3]ئاندىن زوباھنىڭ پادىشاھى رەھوبنىڭ ئوغلى ھادادئېزەر ئەفرات
دەرياسىغا چىقىپ، شۇ يەردىكى ھاكىمىيەتنى ئۆزىگە قايتىدىن
تارتىۋالماقچى بولغاندا، داۋۇت ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇپ
قىلدى. [4]داۋۇت ئۇنىڭ قوشۇنىدىن بىر مىڭ يەتتە يۈز ئاتلىق
ئەسكەرنى ۋە يىگىرمە مىڭ پىيادە ئەسكەرنى ئەسىر قىلدى؛ داۋۇت
ھارۋا ئاتلىرىنىڭ پەيىنى كەستۇردى، لېكىن ئۆزىگە يۈز ھارۋىلىق
ئاتنى قالدۇرۇپ قويدى.
[5]دەمەشقتىكى سۇرىيلەر زوباھنىڭ پادىشاھى ھادادئېزەرگە ياردەم
بېرىش ئۈچۈن چىقتى، لېكىن داۋۇت سۇرىيلەردىن يىگىرمە ئىككى
مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. [6]ئاندىن داۋۇت بىرنەچچە بارگاھ ئەسكەرلەرنى
دەمەشقتىكى سۇرىيلەرنىڭ زېمىنىدا تۇرغۇزدى؛ شۇنىڭ بىلەن
سۇرىيلەر داۋۇتقا بېقىنىپ ئۇنىڭغا سېلىق تاپشۇردى. داۋۇت قەيەرگە
بارسا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا نۇسرەت بېرەتتى.
[7]داۋۇت ھادادئېزەرنىڭ غۇلاملىرىغا تەمىنلەنگەن ئالتۇن قالقاننى
تارتىۋېلىپ، يېرۇسالېمغا كەلتۈردى [8]ۋە ھادادئېزەرنىڭ شەھەرلىرى
بولغان بېتاھ بىلەن بېروتاي شەھەرلىرىدىنمۇ ئىنتايىن كۆپ مىسنى
قولغا چۈشۈردى.
[9]خاماتنىڭ پادىشاھى توي داۋۇتنىڭ ھادادئېزەرنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى
مەغلۇپ قىلغىنىنى ئاڭلاپ، [10] ئۆز ئوغلى يورامنى داۋۇتنىڭ ھالىنى
سوراشقا ۋە داۋۇتنىڭ ھادادئېزەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ

4:8 **«بىر مىڭ يەتتە يۈز ئاتلىق ئەسكەر»** ــ ياكى «بىر مىڭ يەتتە يۈز جەڭ ھارۋىسى».

4:8 1تار. 4:18

5:8 **«دەمەشقتىكى سۇرىيلەر»** ــ يەنى «دەمەشقتىكى سۇرىيەلىكلەر».

6:8 **«سۇرىيلەر»** ــ ياكى «ئارامىيلار». ھازىرقى سۇرىيەدىكىلەر ئۇلاردىن، يەنى ئارامىيلاردىن چىققان.

8:8 **«بېتاھ»** ــ ياكى «تېباھ» ــ «1تار.» 8:18نى كۆرۈڭ.

قىلغىنىغا ئۇنى تەبرىكلەشكە ئەۋەتتى. چۈنكى هادادئېزەر دائىم
توي بىلەن جەڭ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. يورام بولسا كۈمۈش، ئالتۇن ۋە
مىس قاچا-بۇيۇملارنى ئېلىپ كەلدى. [11-12] داۋۇت پادىشاھ مۇشۇلارنى
ۋە ئۆزى بېقىندۇرغان ھەممە ئەللەردىن، جۈملىدىن سۇرىيەلەردىن،
موئابىيلاردىن، ئاممونىيلاردىن، فىلىستىيلەردىن ۋە ئامالەكلەردىن
ئولجا ئالغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بېغىشلىدى.
بۇلار زوباھنىڭ پادىشاھى رەھوبنىڭ ئوغلى ھادادئېزەردىن ئالغان
ئولجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
13 داۋۇت سۇرىيەلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، يەنى ئون سەككىز مىڭ ئادەمنى
«شور ۋادىسى»دا ئۆلتۈرۈپ يانغاندا، ئۇنىڭ نام-داڭقى خېلى چىققانىدى.
14 ئۇ ئېدومدا ئەسكەر بارگاھلىرىنى تۇرغۇزدى؛ پۈتۈن ئېدومدا
بارگاھلارنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئېدومىيلارنىڭ ھەممىسى داۋۇتقا
بېقىندى. داۋۇت قەيەرگە بارسا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا نۇسرەت بېرەتتى.
15 داۋۇت پۈتكۈل ئىسرائىل ئۈستىگە سەلتەنەت قىلدى؛ ئۇ پۈتكۈل
خەلقىنى سوراپ، ئادىل ھۆكۈملەر چىقىرىپ ئادالەت يۈرگۈزەتتى.

## ئوردا ئەمەلدارلىرى

2سام. 20:23-26؛ 1تار. 18:15-17

16 زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئاب قوشۇننىڭ سەردارى بولدى؛ ئاھىلۇدنىڭ
ئوغلى يەھوشافات مىرزا بولدى؛ 17 ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى زادوك بىلەن
ئابىياتارنىڭ ئوغلى ئاخىمەلەك كاھىن بولدى؛ سېرايا كاتىپ بولدى.
18 يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا كەرەتىيلەر بىلەن پەلەتىيلەرنىڭ
يولباشچىسى بولدى؛ داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرىمۇ كاھىن بولدى.

---

8:10 **«توي ... ئۆز ئوغلى يورامنى ... تەبرىكلەشكە ئەۋەتتى»** ــ «1تار.» 18:10دە «يورام» «خادورام» دېگەن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ.

8:11-12 **«سۇرىيەلەردىن»** ــ ياكى «ئېدوملاردىن» ــ 14-ئايەتنى ۋە «1تار.» 18:11نى كۆرۈڭ.

8:13 زەب. 60:1-4

8:18 **«كەرەتىيلەر بىلەن پەلەتىيلەر»** ــ بەلكىم داۋۇتقا ئالاھىدە مۇھاپىزەتچىلەر ياكى ئالاھىدە زەربىدار ئەسكەرلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. **«داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرىمۇ كاھىن بولدى»**

## مەفىبوشەتكە شەپقەت كۆرستىش

9 1 داۋۇت: سائۇلنىڭ ئۆيىدىن تىرىك قالغان بىرەرسى بارمىكىن، بار
بولسا مەن يوناتاننىڭ ھۆرمىتىدە ئۇنىڭغا شاپائەت كۆرسىتەي؟
— دېدى.
2 ئەمدى سائۇلنىڭ ئائىلىسىدىكى زىبا دېگەن بىر خىزمەتكار
قالغانىدى. ئۇلار ئۇنى داۋۇتنىڭ قېشىغا چاقىردى. كەلگەندە، پادىشاھ
ئۇنىڭدىن: سەن زىبامۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: پېقىر مەن شۇ! — دېدى.
3 پادىشاھ: سائۇلنىڭ ئائىلىسىدىن بىرەرسى تىرىك قالدىمۇ؟ مەن
ئۇنىڭغا خۇدانىڭ شاپائىتىنى كۆرسىتەي دەۋاتىمەن، — دېدى. زىبا
پادىشاھقا: يوناتاننىڭ بىر ئوغلى تىرىك قالدى؛ ئۇنىڭ ئىككى پۇتى
ئاقسايدۇ — دېدى.
4 پادىشاھ ئۇنىڭدىن: ئۇ قەيەردە، دەپ سورىدى. زىبا پادىشاھقا: ئۇ لو-
دىباردا، ئاممىئەلنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ — دېدى.
5 شۇڭا داۋۇت پادىشاھ كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى لو-دىباردىن، ئاممىئەلنىڭ
ئوغلى ماكىرنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلدى.
6 سائۇلنىڭ نەۋرىسى، يوناتاننىڭ ئوغلى مەفىبوشەت داۋۇتنىڭ
ئالدىغا كەلگەندە، يۈزىنى يەرگە يېقىپ، تەزىم قىلدى. داۋۇت: سەن
مەفىبوشەتمۇ؟ — دەپ چاقىرىۋىدى، ئۇ: پېقىر شۇ! — دەپ جاۋاپ
قايتۇردى.
7 داۋۇت ئۇنىڭغا: قورقمىغىن، ئاتاڭ يوناتان ئۈچۈن، ساڭا شاپائەت

— مۇشۇ يەردە «كاھىن» بەلكىم (1) ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ ئىبادىتىدە ئادەتتىكى كاھىنلاردىن باشقا ئالاھىدە ۋەزىپىلىرى بارلىقىنى؛ (2) ھاكىمىيەتتە بىرخىل ۋەزىرلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («1تار.» 17:18نىمۇ كۆرۈڭ).

**2:9** 2سام. 1:16-4؛ 17:19

**3:9 «يوناتاننىڭ بىر ئوغلى تىرىك قالدى؛ ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئاقسايدۇ»** — زىبانىڭ بۇ سۆزنى دېيىشى، بەلكىم، داۋۇتنىڭ سائۇلنىڭ جەمەتىدىكىلەرنى ئىزدەشتىكى مەقستى ئۆز تەختىگە ھېچقانداق تەھدىت بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى يوقىتىش، دەپ ئويلىسا كېرەك؛ شۇڭا ئۇ مەفىبوشەتنى ئاقساق دەيدۇ — ئاقساق بىر ئادەم تەختكە ھېچقانداق تەھدىت بولمايدۇ، ئەلۋەتتە

**3:9** 2سام. 4:4

قىلماي قالمايمەن؛ بوۋاڭ سائۇلنىڭ ھەممە يەر-زېمىنلىرىنى ساڭا
قايتۇرۇپ بېرەي، سەن ھەمىشە مېنىڭ داستىخىنىمدىن غىزالىنىسەن
ــ دېدى.
8 مەفىبوشەت تەزىم قىلىپ: قۇلۇڭ نېمە ئىدى، مەندەك بىر ئۆلۈك ئىت
ئالىيلىرى قەدىرلىگۈدەك نېمە ئىدىم؟ ــ دېدى.
9 ئاندىن پادىشاھ سائۇلنىڭ خىزمەتكارى زىبانى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:
سائۇلنىڭ ۋە پۈتكۈل ئائىلىسىنىڭ ھەممە تەئەللۇقاتىنى مانا مەن
غوجاڭنىڭ ئوغلىنىڭ قولىغا بەردىم. 10 سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭ ۋە
خىزمەتكارلىرىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ زېمىندا تېرىقچىلىق قىلىپ،
چىققان مەھسۇلاتلىرىنى غوجاڭنىڭ ئوغلىغا يېيىشكە تاپشۇرۇڭلار.
غوجاڭنىڭ ئوغلى مەفىبوشەت مەن بىلەن ھەمىشە ھەمداستىخان
بولۇپ غىزالىنىدۇ، ــ دېدى (زىبانىڭ ئون بەش ئوغلى ۋە يىگىرمە
خىزمەتكارى بار ئىدى).
11 زىبا پادىشاھقا: غوجام پادىشاھ قۇللىرىغا بۇيرۇغانىنىڭ
ھەممىسىگە كەمىنىلىرى ئەمەل قىلىدۇ، ــ دېدى. پادىشاھ داۋۇت
يەنە: مەفىبوشەت بولسا پادىشاھنىڭ بىر ئوغلىدەك داستىخىنىمدىن
تائام يېسۇن ــ دېدى.
12 مەفىبوشەتنىڭ مىكا دېگەن كىچىك بىر ئوغلى بار ئىدى. زىبانىڭ
ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى مەفىبوشەتنىڭ خىزمەتكارلىرى
بولدى. 13 ئەمدى مەفىبوشەت يېرۇسالېمدا تۇراتتى؛ چۈنكى ئۇ
ھەمىشە پادىشاھنىڭ داستىخىنىدىن تائام يەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
ئىككى پۇتى ئاقساق ئىدى.

---

7:9 **«بوۋاڭ سائۇل»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاتاڭ سائۇل» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «ئاتا» دېگەننىڭ ئىبرانىي تىلىدا مەنىسى كەڭدۇر.

## داۋۇت ۋە ئاممونىيلار

1تار. 19:19-1:19

10 [1] كېيىن شۇنداق ئىش بولدىكى، ئاممونىيلارنىڭ پادىشاھى
ئۆلدى ۋە ئۇنىڭ ھانۇن دېگەن ئوغلى ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
[2] داۋۇت بولسا: ئۇنىڭ ئاتىسى ماھاش ئىلتىپات كۆرسەتكەندەك مەن
ناھاشنىڭ ئوغلى ھانۇنغا ئىلتىپات كۆرسىتەي، ــ دېدى. ئاندىن
داۋۇت ئاتىسىنىڭ پەتىسىگە ھانۇننىڭ كۆڭلىنى سوراشقا ئۆز
خىزمەتكارلىرىدىن بىرنەچچىنى ماڭدۇردى. داۋۇتنىڭ خىزمەتكارلىرى
ئاممونىيلارنىڭ زېمىنىغا كەلگەندە، [3] ئاممونىيلارنىڭ ئەمەلدارلىرى
غوجىسى ھانۇنغا: سىلى داۋۇتنى راستلا ئاتىلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن
قاشلىرىغا كۆڭۈل سوراپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ، دەپ قاراملا؟ داۋۇتنىڭ
خىزمەتكارلىرىنى قاشلىرىغا ئەۋەتكىنى شەھەرنى پايلاپ ئۇنىڭدىن
مەلۇمات ئېلىش، ئاندىن بۇ شەھەرنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ــ
دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن ھانۇن داۋۇتنىڭ خىزمەتكارلىرىنى تۇتۇپ،
ساقاللىرىنىڭ يېرىمىنى چۈشۈرۈپ، كىيىملىرىنىڭ بەلدىن
تۆۋىنىنى كەستۈرۈپ، كۆتىنى ئېچىپ كەتكۈزۈۋەتتى. [5] بۇ خەۋەر
داۋۇتقا يەتكۈزۈلدى؛ ئۇ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىغا ئادەم
ماڭدۇردى؛ چۈنكى ئۇلار ئىنتايىن نومۇس ھېس قىلغانىدى.
پادىشاھ ئۇلارغا: ساقال-بۇرۇتۇڭلار ئۆسكىچىلىك يېرىخو
شەھىرىدە تۇرۇپ، ئاندىن يېنىپ كېلىڭلار، ــ دېدى.
[6] ئاممونىيلار ئۆزلىرىنىڭ داۋۇتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى
بىلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ بەيت-رەھوبدىكى سۈرىيلەر بىلەن
زوباھدىكى سۈرىيلەردىن يىگىرمە مىڭ پىيادە ئەسكەر،
مائاكاھنىڭ پادىشاھىدىن بىر مىڭ ئادەم ۋە توبدىكى
ئادەملەردىن ئون ئىككى مىڭ ئادەمنى يallاپ كەلدى. [7] داۋۇت بۇنى
ئاڭلاپ، يوئابنىڭ پۈتكۈل جەڭگىۋار قوشۇنىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا
ماڭدۇردى. [8] ئاممونىيلار چىقىپ شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا

سەپ تۈزدى؛ زوباھ بىلەن رەھوبدىكى سۇرىيەلەر ۋە توب بىلەن
مائاكاھنىڭ ئادەملىرى دالادا سەپ تۈزدى؛ [9] يوئاب جەڭنىڭ ئالدى
ھەم كەينىدىن بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىسرائىلدىن بىر
قىسىم سەرخىل ئادەملەرنى ئىلغاپ، سۇرىيەلەرگە قارشى سەپ
تۈزدى؛ [10] قالغانلارنى ئاممونىيلارغا قارشى سەپ تىزغىن دەپ
ئىنىسى ئابىشاينىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا:
[11] — ئەگەر سۇرىيەلەر ماڭا كۈچلۈك كەلسە، سەن ماڭا ياردەم
بەرگەيسەن؛ ئەمما ئاممونىيلار ساڭا كۈچلۈك كەلسە، مەن بېرىپ
ساڭا ياردەم بېرەي. [12] جۈرئەتلىك بولغىن! ئۆز خەلقىمىز ئۈچۈن ۋە
خۇدايىمىزنىڭ شەھەرلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلايلى. پەرۋەردىگار
ئۆزىگە لايىق كۆرۈنگىنىنى قىلغاي! — دېدى.
[13] ئەمدى يوئاب ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئادەملەر سۇرىيەلەرگە ھۇجۇم
قىلغىلى چىقتى؛ سۇرىيەلەر ئۇنىڭ ئالدىدا قاچتى. [14] ئاممونىيلار
سۇرىيەلەرنىڭ قاچقىنىنى كۆرگەندە، ئۇلارمۇ ئابىشايدىن قېچىپ،
شەھەرگە كىرىۋالدى. يوئاب بولسا ئاممونىيلار بىلەن جەڭ
قىلىشتىن چېكىنىپ، يېرۇسالېمغا يېنىپ كەلدى.
[15] سۇرىيەلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ
بولغىنىنى كۆرگەندە، يەنە جەم بولۇشتى. [16] ھادادئېزەر ئادەملەرنى
ئەۋەتىپ، ئەفرات دەرياسىنىڭ نېرى تەرىپىدىكى سۇرىيەلەرنى
ياردەمگە چاقىرىپ، ئۇلارنى يۆتكەپ كەلدى؛ ئۇلار خېلام شەھىرىگە
كەلگەندە، ھادادئېزەرنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى شوباك ئۇلارغا
باشچىلىق قىلدى.
[17] بۇ خەۋەر داۋۇتقا يەتكەندە، ئۇ پۈتكۈل ئىسرائىلنى يىغدۇرۇپ،
ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خېلام شەھىرىگە باردى. سۇرىيەلەر
داۋۇتقا قارشى سەپ تىزىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. [18] سۇرىيەلەر
يەنە ئىسرائىلدىن قاچتى. داۋۇت بولسا يەتتە يۈز جەڭ ھارۋىلىقنى،

---

8:10 **«شەھەرنىڭ دەرۋازىسى»** — «شەھەر» بەلكىم ئۇلارنىڭ پايتەختى رابباھنى كۆرسىتىدۇ (14-ئايەتنى كۆرۈڭ).

قىرىق مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى قىردى ھەم قوشۇنىنىڭ سەردارى
شوباكنى ئۇ يەردە ئۆلتۈردى.
[19] ھادادئېزەرگە بېقىنغان ھەممە پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىل
ئالدىدا يېڭىلگىنىنى كۆرگەندە، ئىسرائىل بىلەن سۈلھ قىلىشىپ
ئۇلارغا بېقىندى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇرىيلەر ئامونىيلارغا يەنە
ياردەم بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

## داۋۇتنىڭ ئېغىر گۇناھى

11 [1] شۇنداق بولدىكى، يېڭى يىلنىڭ بېشىدا، پادىشاھلار
جەڭگە ئاتلانغان ۋاقىتتا داۋۇت يوئابنى ئادەملىرى بىلەن
ھەمدە ھەممە ئىسرائىلنى جەڭگە ماڭدۇردى؛ ئۇلار ئامونىيلارنىڭ
زېمىنىنى ۋەيران قىلىپ، رابباھ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى.
لېكىن داۋۇت يېرۇسالېمدا قالدى.
[2] بىر كۈنى كەچتە داۋۇت كارىۋاتتىن قوپۇپ، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ
ئۆگزىسىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى؛ ئۆگزىدىن ئۇ مۇنچىدا يۇيۇنۇۋاتقان
بىر ئايالنى كۆردى. بۇ ئايال بەك چىرايلىق ئىدى. [3] داۋۇت ئادەم
ئەۋەتىپ، ئايالنىڭ خەۋىرىنى سورىدى؛ بىرسى ئۇنىڭغا: ــ بۇ
ئېلىئامنىڭ قىزى، ھىتتىي ئۇرىيانىڭ ئايالى بات-شېبا ئەمەسمۇ؟
ــ دېدى.
[4] داۋۇت كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى قېشىغا ئەكەلتۈردى (ئۇ ۋاقىتتا
ئۇ ئادەتتىن پاكلىنىۋاتقانىدى). ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە،

---

**18:10 «قىرىق مىڭ ئاتلىق ئەسكەر»** ــ ياكى «قىرىق مىڭ پىيادە ئەسكەرنى» ــ «1تار.» 18:19نى كۆرۈڭ. شۇ يەردە «يەتتە مىڭ جەڭ ھارۋىسى» دېيىلىدۇ. پەرقىنىڭ سەۋەبى بەلكىم: (1) قولىمىزدىكى كۆچۈرمىلەردە كۆچۈرگۈچىنىڭ سەۋەنلىكى بولۇشى مۇمكىن؛ (2) ئىككى ئايەتتە خاتىرىلەنگەن سانلارنى ھېسابلاش ئۇقتىسى ئوخشىمايدىغان بولۇشى مۇمكىن.
**1:11 «يېڭى يىلنىڭ بېشىدا»** ــ خۇدا يەھۇدىي خەلقىگە تاپشۇرغان كالېندار بويىچە «يېڭى يىل» ئەتىيازدا باشلىناتتى («مىس.» 1:12).
**1:11** 1تار. 20:1-3

داۋۇت ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى؛ ئاندىن ئۇ ئۆز ئۆيىگە يېنىپ
كەتتى.
5 شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ھامىلىدار بولدى، ھەم داۋۇتقا: مېنىڭ بويۇمدا
قاپتۇ، دەپ خەۋەر ئەۋەتتى.
6 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت يوئابقا خەۋەر يەتكۈزۈپ: ھىتتىي ئۇرىيانى
مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتكىن، دېدى. يوئاب ئۇرىيانى داۋۇتنىڭ قېشىغا
ماڭدۇردى. 7 ئۇرىيا داۋۇتنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ يوئابنىڭ ھالىنى،
خەلقنىڭ ھالىنى ۋە جەڭ ئەھۋالىنى سورىدى. 8 ئاندىن داۋۇت ئۇرىياغا:
ئۆز ئۆيۈڭگە بېرىپ پۇتلىرىڭنى يۇغىن، دېدى. ئۇرىيا پادىشاھنىڭ
ئوردىسىدىن چىققاندا، پادىشاھ كەينىدىن ئۇنىڭغا بىر سوۋغا
ئەۋەتتى. 9 لېكىن ئۇرىيا ئۆز ئۆيىگە بارماي، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ
دەرۋازىسىدا، غوجىسىنىڭ باشقا قۇل-خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا
ياتتى.
10 ئۇلار داۋۇتقا: ئۇرىيا ئۆز ئۆيىگە بارمىدى، دەپ خەۋەر بەردى. داۋۇت
ئۇرىيادىن: سەن يىراق سەپەردىن كەلدىڭ ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ئۆز
ئۆيۈڭگە كەتمىدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.
11 ئۇرىيا داۋۇتقا: مانا، ئەھدە ساندۇقى، ئىسرائىللار ۋە يەھۇدالار بولسا
كەپىلەردە تۇرۇپ، غوجام يوئاب بىلەن غوجامنىڭ خىزمەتكارلىرى
ئوچۇق دالادا چېدىر تىكىپ يېتىۋاتسا، مەن يەپ-ئىچىپ، ئايالىم
بىلەن يېتىشقا ئۆيۈمگە بارايمۇ؟ سېنىڭ جېنىڭ بىلەن ۋە ھاياتىڭ
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن ــ دېدى.

---

**4:11 «ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئادەتتىن پاكلىنىۋاتقانىدى»** ــ ياكى «ئۇ ۋاقىتتا ئۇ يېڭىلا پاكلانغانىدى». مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە («لاۋ.» 15:19-20) ئەر كىشىنىڭ ئۆز ئايالىنىڭ ئادەت ۋاقتىدا (7 كۈن ھېسابلىناتتى) ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىشىغا بولمايتتى، بولمىسا ئۇ ئىبادەتكە نىسبەتەن «ناپاك» قىلىناتتى (ئايال كىشىنىڭ «ئادەتتىن يېڭىلا پاكلانغان» ۋاقتىدا ھامىلىدار بولۇشى ئەڭ مۇمكىن بولغان ۋاقىت، ئەلۋەتتە). «پاك» بولسۇن «ناپاك» بولسۇن باشقا بىرسىنىڭ ئايالىغا تېگىش ئىنتايىن ئېغىر گۇناھدۇر، ئەلۋەتتە.

**4:11** لاۋ. 15:19-24؛ 18:19

**8:11 «ئۆز ئۆيۈڭگە بېرىپ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆز ئۆيۈڭگە چۈشۈپ» ــ ئوردا يېرۇسالېمنىڭ بەك يۇقىرى بىر جايىدا ئىدى. **«پۇتلىرىڭنى يۇغىن...»** ــ دېمەك، «راھەتلەن».

12 داۋۇت ئۇرىياغا: بۈگۈن بۇ يەردە قالغىن، ئەتە سېنى كەتكۈزۈۋېتىمەن،
ــ دېدى. ئۇرىيا ئۇ كۈنى ۋە ئەتىسى يېرۇسالېمدا قالدى. 13 داۋۇت ئۇنى
چاقىرىپ ھەمداستىخان قىلىپ، يەپ-ئىچكۈزۈپ مەست قىلدى.
لېكىن شۇ كېچىسى ئۇرىيا ئۆز ئۆيىگە بارماي، چىقىپ غوجىسىنىڭ
قۇل-خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆز كارىۋىتىدا ئۇخلىدى.
14 ئەتىسى داۋۇت يوئابقا خەت يېزىپ، ئۇرىيانىڭ ئالغاچ كېتىشىگە
بەردى. 15 خەتتە ئۇ: ئۇرىيانى سوقۇش ئەڭ كەسكىن بولىدىغان
ئالدىنقى سەپتە تۇرغۇزغىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن
ئۇنىڭدىن چېكىنىپ تۇرۇڭلار، دەپ يازغانىدى.
16 شۇنىڭ بىلەن يوئاب شەھەرنى كۆزىتىپ، ئۇرىيانى پالۋانلار كەسكىن
سوقۇشقان يەرگە ماڭدۇردى. 17 شەھەردىكى ئادەملەر چىقىپ،
يوئاب بىلەن سوقۇشقاندا خەلقتىن، يەنى داۋۇتنىڭ ئادەملىرىدىن
بىرنەچچىسى يىقىلدى؛ ئۇرىيامۇ ئۆلدى.
18 يوئاب ئادەم ئەۋەتىپ جەڭنىڭ ھەممە ۋەقەلىرىدىن داۋۇتقا خەۋەر
بەردى. 19 ئۇ خەۋەرچىگە مۇنداق تاپىلىدى: پادىشاھقا جەڭنىڭ
ھەممە ۋەقەلىرىنى دەپ بولغىنىڭدا، 20 ئەگەر پادىشاھ غەزەپلىنىپ
سېنىڭدىن: سوقۇشقاندا نېمىشقا شەھەر سېپىلىغا شۇنداق يېقىن
باردىڭلار؟ ئۇلارنىڭ سېپىلدىن يا ئاتىدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭلار؟ 21
يەرۇببەشەتنىڭ ئوغلى ئابىمەلەكنى كىم ئۆلتۈرگىنىنى بىلمەمسەن؟
بىر خوتۇن سېپىلدىن ئۇنىڭغا بىر پارچە يارغۇنچاق تېشىنى ئېتىپ،
ئۇ تەبەز شەھىرىدە ئۆلمىدىمۇ؟ نېمىشقا سېپىلغا ئۇنداق يېقىن
باردىڭلار؟ ــ دېسە، سەن: سىلىنىڭ قۇللىرى ھىتتىي ئۇرىيامۇ ئۆلدى،
دەپ ئېيتقىن ــ دېدى.
22 خەۋەرچى بېرىپ يوئاب ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ ئەۋەتكەن خەۋەرنىڭ
ھەممىسىنى داۋۇتقا دەپ بەردى. 23 خەۋەرچى داۋۇتقا: دۈشمەنلەر

---

21:11 **«بىر خوتۇن سېپىلدىن ئۇنىڭغا بىر پارچە يارغۇنچاق تېشىنى ئېتىپ، ئۇ ... ئۆلمىدىمۇ؟»** ــ بۇ ۋەقە «ھاك.» 9:50-57دە تېپىلىدۇ.

**21:11** ھاك. 9:52، 53

بىزدىن كۈچلۈك كېلىپ، دالادا بىزگە ھۇجۇم قىلدى؛ لېكىن بىز ئۇلارغا زەربە بېرىپ چېكىندۈرۈپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغىچە قوغلىدۇق. [24] ئاندىن يا ئاتقۇچىلار سېپىلدىن قۇل-خىزمەتكارلىرىڭغا يا ئېتىپ، پادىشاھنىڭ قۇل-خىزمەتكارلىرىدىن بىرنەچچىنى ئۆلتۈردى. قۇللىرى ئۇرىيامۇ ئۆلدى ــ دېدى.

[25] داۋۇت خەۋەرچىگە: يوئابقا مۇنداق دېگىن: ــ بۇ ئىش نەزىرىڭدە ئېغىر بولمىسۇن، قىلىچ يا ئۇنى يا بۇنى يەيدۇ؛ شەھەرگە بولغان ھۇجۇمىڭلارنى قاتتىق قىلىپ، ئۇنى غۇلىتىڭلار، دەپ ئېيتىپ ئۇنى جۈرئەتلەندۈرگىن ــ دېدى.

[26] ئۇرىيانىڭ ئايالى ئېرى ئۇرىيانىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ، ئېرى ئۈچۈن ماتەم تۇتتى.

[27] ماتەم كۈنلىرى ئۆتكەندە داۋۇت ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئوردىسىغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ داۋۇتنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغدى. لېكىن داۋۇتنىڭ قىلغان ئىشى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل ئىدى.

## ناتان پەيغەمبەر داۋۇتقا تەنبىھ بېرىدۇ

12 [1] پەرۋەردىگار ناتاننى داۋۇتنىڭ قېشىغا ماڭدۇردى. ئۇ داۋۇتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «بىر شەھەردە ئىككى ئادەم بار بولۇپ، بىرسى باي، يەنە بىرسى كەمبەغەل ئىدى. [2] باينىڭ ئىنتايىن تولا قوي ۋە كالا پادىلىرى بار ئىدى. [3] لېكىن كەمبەغەلنىڭ ئۆزى سېتىۋېلىپ باققان كىچىك بىر ساغلىق قوزىدىن باشقا بىر نەرسىسى يوق ئىدى. قوزا كەمبەغەلنىڭ ئۆيىدە باللىرى بىلەن تەڭ ئۆسۈپ چوڭ بولدى. قوزا ئۇنىڭ يېگىنىدىن يەپ، ئۇنىڭ ئىچكىنىدىن ئىچىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلىدى؛ ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئۆز قىزىدەك ئىدى. [4] بىر كۈنى بىر يولۇچى باينىڭكىگە كەلدى. ئەمما ئۇ ئۆزىگە كەلگەن مېھمان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قوي ياكى كالا پادىلىرىدىن

بىرىنى يېگۈزۈشكە تەييارلاشقا كۆزى قىيماي، بەلكى كەمبەغەلنىڭ
قوزىسىنى تارتىۋېلىپ سويۇپ، كەلگەن مېھمان ئۈچۈن تەييارلىدى».
[5] داۋۇت بۇنى ئاڭلاپ ئۇ كىشىگە قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ ناتانغا:
پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شۇنى قىلغان
ئادەم ئۆلۈمگە لايىقتۇر! [6] ئۇ ھېچ رەھىمدىللىق كۆرسەتمەي بۇ ئىشنى
قىلغىنى ئۈچۈن قوزىغا تۆت ھەسسە تۆلەم تۆلىسۇن ــ دېدى.
[7] ناتان داۋۇتقا: سەن دەل شۇ كىشىدۇرسەن! ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن سېنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە
پادىشاھ بولغىلى مەسىھ قىلدىم ۋە سائۇلنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدۇم؛
[8] مەن غوجاڭنىڭ جەمەتىنى ساڭا بېرىپ، غوجاڭنىڭ ئاياللىرىنى
قۇچىقىڭغا ياتقۇزۇپ، ئىسرائىلنىڭ جەمەتى بىلەن يەھۇدانىڭ
جەمەتىنى ساڭا بەردىم. ئەگەر سەن بۇنى ئاز كۆرگەن بولساڭ،
مەن ساڭا يەنە ھەسسىلەپ بېرەتتىم؛ [9] نېمىشقا پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدىڭ؟
سەن ھىتتىي ئۇرىيانى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئايالىنى
ئۆزۈڭگە ئايال قىلدىڭ، سەن ئۇنى ئاممونىيلارنىڭ قىلىچى بىلەن
قەتل قىلدىڭ. [10] ئەمدى سەن مېنى كۆزگە ئىلماي، ھىتتىي
ئۇرىيانىڭ ئايالىنى ئۆزۈڭگە ئايال قىلغىنىڭ ئۈچۈن، قىلىچ
سېنىڭ ئۆيۈڭدىن ئايرىلمايدۇ».
[11] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مانا ئۆز ئۆيۈڭدىن ساڭا يامانلىق
كەلتۈرۈپ، كۆزلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئاياللىرىڭنى ئېلىپ، ساڭا يېقىن
بىرسىگە بېرىمەن، ئۇ بولسا كۈپكۈندۈزدە ئاياللىرىڭ بىلەن ياتىدۇ.

---

**6:12 «بۇ ئىشنى قىلغىنى ئۈچۈن قوزىغا تۆت ھەسسە تۆلەم تۆلىسۇن»** ــ «مىس.» 1:22نى كۆرۈڭ.

**6:12** مىس. 1:22

**7:12** 1سام. 13:16

**8:12 «مەن غوجاڭنىڭ جەمەتىنى ساڭا بېرىپ، غوجاڭنىڭ ئاياللىرىنى قۇچىقىڭغا ياتقۇزۇپ...»** ــ «غوجاڭ» سائۇل پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ.

12 سەن بولساڭ ئۇ ئىشنى مەخپىي قىلدىڭ، لېكىن مەن بۇ ئىشنى
پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا كۈندۈزدە قىلىمەن» ــ دېدى.
13 داۋۇت ناتانغا: ــ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلدىم ــ دېدى.
ناتان داۋۇتقا: پەرۋەردىگار ھەم گۇناھىڭدىن ئۆتتى؛ سەن ئۆلمەيسەن.
14 ھالبۇكى، بۇ ئىش بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ دۈشمەنلىرىگە كۇپۇرلۇق
قىلىشقا پۇرسەت بەرگىنىڭ ئۈچۈن، سېنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇل بالا
چوقۇم ئۆلىدۇ ، ــ دېدى.
15 شۇنىڭ بىلەن ناتان ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. پەرۋەردىگار
ئۇرىيانىڭ ئايالىدىن داۋۇتقا تۇغۇلغان بالىنى شۇنداق ئۇردىكى، ئۇ
قاتتىق كېسەل بولدى.
16 داۋۇت بالا ھەققىدە خۇداغا يېلىندى. ئۇ روزا تۇتۇپ، كېچىلەردە
ئىچكىرىگە كىرىپ يەردە دۈم ياتاتتى. 17 ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ
ئاقساقاللىرى قوپۇپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى يەردىن قوپۇرماقچى
بولدى؛ لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى ۋە ئۇلار بىلەن تاماق يېيىشنى رەت قىلدى.
18 يەتتىنچى كۈنى بالا ئۆلدى. داۋۇتنىڭ خىزمەتكارلىرى بالا ئۆلدى،
دېگەن خەۋەرنى ئۇنىڭغا بېرىشتىن قورقۇپ: «بالا تىرىك ۋاقتىدا
پادىشاھ بىزنىڭ سۆزلىرىمىزگە قۇلاق سالمىدى، ئەمدى بىز قانداقمۇ
ئۇنىڭغا بالا ئۆلدى، دەپ خەۋەر بېرىمىز؟ ئۇ ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈشى
مۇمكىن!» ــ دېيىشتى.
19 لېكىن داۋۇت خىزمەتكارلىرىنىڭ پىچىرلاشقىنىنى كۆرۈپ، بالىنىڭ
ئۆلگىنىنى ئۇقتى. شۇڭا داۋۇت خىزمەتكارلىرىدىن: بالا ئۆلدىمۇ؟ دەپ
سورىدى. ئۇلار: ئۆلدى، ــ دەپ جاۋاب بەردى.
20 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت يەردىن قوپۇپ، يۇيۇنۇپ، خۇشبۇي ماي
بىلەن مەسىھلىنىپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ ئىبادەت قىلدى؛ ئاندىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ

---

**11:12** قان. 30:28؛ 2سام. 22:16

**16:12 «ئۇ روزا تۇتۇپ، كېچىلەردە ئىچكىرىگە كىرىپ يەردە دۈم ياتاتتى»** ــ ياكى «ئۇ روزا تۇتۇپ، كېچىدە ئىچكىرىگە كىرىپ يەردە دۈم ياتتى».

ئۆزىگە تاماق ئەكەلتۈرۈپ يېدى. 21 خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا:
سىلىنىڭ بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ بالا تىرىك چاغدا روزا تۇتۇپ
يىغلىدىلا، لېكىن بالا ئۆلگەندىن كېيىن قوپۇپ تاماق يېدىلا،
ــ دېدى.
22 ئۇ: مەن: «كىم بىلسۇن، پەرۋەردىگار ماڭا شاپائەت كۆرسىتىپ،
بالىنى تىرىك قالدۇرارمىكىن» دەپ ئويلاپ، بالا تىرىك ۋاقتىدا روزا
تۇتۇپ يىغلىدىم. 23 لېكىن ئەمدى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن نېمىشقا روزا
تۇتاي؟ مەن ئۇنى ياندۇرۇپ ئالالايمەنمۇ؟ مەن ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن،
لېكىن ئۇ يېنىمغا يېنىپ كېلەلمەيدۇ، ــ دېدى
24 داۋۇت ئايالى بات-شېباغا تەسەللى بەردى. ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ
ئۇنىڭ بىلەن ياتتى؛ ئۇ بىر ئوغۇل تۇغۇۋىدى، داۋۇت ئۇنى سۇلايمان
دەپ ئاتىدى. پەرۋەردىگار ئۇنى سۆيدى، 25 ۋە ناتان پەيغەمبەر ئارقىلىق
ۋەھىي يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگار ئۈچۈن «يەدىدىيا» دەپ ئىسىم
قويدى.

## داۋۇتنىڭ قوشۇنلىرى ئاممونىيلارنى مەغلۇپ قىلدۇ

1تار. 20:1-3

26 يوئاب ئاممونىيلارنىڭ شاھانە پايتەختى رابباھقا ھۇجۇم قىلىپ
ئۇنى ئالدى. 27 ئاندىن يوئاب خەۋەرچىلەرنى داۋۇتنىڭ قېشىغا
ماڭدۇرۇپ: مەن رابباھقا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنىڭ سۇ بار قىسمىنى
ئالدىم. 28 ھازىر سەن قالغان ئەسكەرلەرنى يىغىپ، شەھەرنى قامال
قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلغىن؛ بولمىسا مەن شەھەرنى ئالسام، مېنىڭ
ئىسمىم بىلەن ئاتىلىشى مۇمكىن ــ دېدى.

24:12 **«داۋۇت ئۇنى سۇلايمان دەپ ئاتىدى»** ــ «سۇلايمان» ئىبرانىي تىلىدا «شالوم» ــ ئامان-تىنچلىق، خاتىرجەملىك دېگەن مەنىدىكى سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**24:12** 1تار. 22:9؛ مات. 6:1

25:12 **«ناتان پەيغەمبەر ئارقىلىق ... ئۇنىڭغا ... «يەدىدىيا» دەپ ئىسىم قويدى»** ــ «يەدىدىيا»: «پەرۋەردىگار سۆيگەن»، دېگەن مەنىدە.

**26:12** 1تار. 20:1-3

29 شۇڭا داۋۇت ھەممە خەلقنى جەم قىلىپ، رابباھقا ھۇجۇم قىلىپ
ئۇنى ئالدى.
30 ئۇ ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ تاجىنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئالدى.
ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئالتۇنىنىڭ ئېغىرلىقى بىر تالانت ئىدى، ۋە
ئۇنىڭ كۆزىدە بىر گۆھەر بار ئىدى. كىشىلەر بۇ تاجنى داۋۇتنىڭ
بېشىغا كىيگۈزدى، داۋۇت بولسا ئۇ شەھەردىن نۇرغۇن ئولجا
ئالدى.
31 ئەمما ئۇ يەردىكى خەلقنى شەھەردىن چىقىرىپ ئۇلارنى ھەرە،
خامان تېپىدىغان تىرنىلار ۋە تۆمۈر پالتىلار بىلەن ئىشلەتتى ياكى
خۇمدانلاردا قاتتىق ئەمگەككە سالدى؛ داۋۇت ئاممونىيلارنىڭ ھەممە
شەھەرلىرىدە شۇنداق قىلدى؛ ئاندىن داۋۇت بارلىق خەلق بىلەن
يېرۇسالېمغا يېنىپ كەلدى.

## داۋۇتنىڭ قىزى تامار زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ

13 1 داۋۇتنىڭ ئوغلى ئابشالومنىڭ تامار دېگەن چىرايلىق
بىر سىڭلىسى بار ئىدى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن، داۋۇتنىڭ
ئوغلى ئامنون ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. 2 ئامنون سىڭلىسى
تامارنىڭ ئىشقىدا شۇنچە دەرد تارتتىكى، ئۇ كېسەل بولۇپ
قالدى. ئەمما تامار تېخى قىز ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئامنونغا ئۇنى
بىر ئىش قىلىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك كۆرۈندى.

---

30:12 **«ئالتۇنىنىڭ ئېغىرلىقى بىر تالانت ئىدى»** ــ «بىر تالانت» بەلكىم 34 كىلوگرامدۇر.
**«ئۇنىڭ كۆزىدە بىر گۆھەر بار ئىدى»** ــ ياكى «ئۇنىڭغا بىرنەچچە گۆھەر قادالدى».
**30:12** 1تار. 2:20
31:12 **«ئۇ ... ئۇلارنى ھەرە، خامان تېپىدىغان تىرنىلار ۋە تۆمۈر پالتىلار بىلەن ئىشلەتتى ياكى خۇمدانلاردا قاتتىق ئەمگەككە سالدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ ... ئۇلارنى ھەرىلەرنىڭ تېگىگە بېسىپ ياكى خامان تېپىدىغان تىرنىلار ئاستىغا ياكى پالتىنىڭ ئاستىغا ئالدى ياكى ئۇلارنى خۇمداندىن ئۆتكۈزدى» (دېمەك، ئۇلارنى ئىنتايىن قىينىدى).
**31:12** 1تار. 3:20

3 لېكىن ئامنوننىڭ يوناداب ئىسىملىك بىر دوستى بار ئىدى. ئۇ
داۋۇتنىڭ ئاكىسى شىمېئاھنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ يوناداب تولىمۇ
ھىيلىگەر بىر كىشى ئىدى.
4 ئۇ ئامنونغا: سەن پادىشاھنىڭ ئوغلى تۇرۇپ، نېمىشقا كۈندىن
كۈنگە بۇنداق جۈدەپ كېتىسەن؟ قېنى، ماڭا ئېيتىپ بەر، دېدى.
ئامنون ئۇنىڭغا: مەن ئىنىم ئابشالومنىڭ سىڭلىسى تامارغا ئاشىق
بولدۇم، دېدى.
5 يوناداب ئۇنىڭغا: سەن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ، يېتىپ قالغان بولۇۋال؛
ئاتاڭ سېنى كۆرگىلى كەلگەندە ئۇنىڭغا: سىڭلىم تامار كېلىپ ماڭا
تاماق بەرسۇن؛ ئۇنىڭ تاماق ئەتكىنىنى كۆرۈشۈم ئۈچۈن، ئالدىمدا
تاماق ئېتىپ بەرسۇن، مەن ئۇنىڭ قولىدىن تاماق يەي، دەپ ئېيتقىن،
دېدى.
6 شۇنىڭ بىلەن ئامنون يېتىۋېلىپ ئۆزىنى كېسەل كۆرسەتتى. پادىشاھ
ئۇنى كۆرگىلى كەلگەندە، ئامنون پادىشاھقا: ئۆتۈنىمەن، سىڭلىم
تامار بۇ يەرگە كېلىپ، ماڭا ئىككى قوتۇرماچ تەييار قىلىپ بەرسۇن،
ئاندىن مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ يەي، دېدى.
7 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئوردىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ تامارغا: سەندىن
ئۆتۈنىمەنكى، ئاكاڭ ئامنوننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا يېگۈدەك
بىر نېمە تەييارلاپ بەرگىن، دەپ ئېيتتى.
8 تامار ئامنوننىڭ ئۆيىگە باردى؛ ئۇ ياتقانىدى. ئۇ ئۇن ئېلىپ يۇغۇرۇپ،
قوتۇرماچلارنى كۆز ئالدىدا ئەتتى.
9 ئاندىن ئۇ قوتۇرماچنى قازاندىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. لېكىن
ئۇ يېگىلى ئۇنىمىدى؛ ئۇ: ــ ھەممە ئادەم مېنىڭ قېشىمدىن چىقىپ
كەتسۇن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىدىن
چىقىپ كەتتى.
10 ئاندىن ئامنون تامارغا: تائامنى ئىچكىرىكى ھۇجرىغا ئېلىپ
كىرگىن، ئاندىن قولۇڭدىن ئېلىپ يەيمەن، ــ دېدى. تامار ئۆزى ئەتكەن

4:13 «**كۈندىن كۈنگە ...**» ــ ئىبرانىي تىلدا «ئەتىگەندىن ئەتىگەنگە...».

قوتۇرماچنى ئىچكىرىكى ھۇجرىغا، ئاكىسى ئامنوننىڭ قېشىغا
ئېلىپ كىردى.
11 تامار ئۇلارنى ئۇنىڭغا يېگۈزۈپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئۇ ئۇنى
تۇتۇۋېلىپ: ئى سىڭلىم، كەل! مەن بىلەن ياتقىن! دېدى.
12 لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ياق، ئى ئاكا، مېنى نومۇسقا
قويمىغىن! ئىسرائىلدا بۇنداق ئىش يوق! سەن بۇنداق پەسكەشلىك
قىلمىغىن! 13 مەن بۇ شەرمەندىچىلىكنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ
يۈرەلەيمەن؟! سەن بولساڭ ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىكى ئەخمەقلەردىن
بولۇپ قالىسەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، پەقەت پادىشاھقا دېسەڭلا، ئۇ مېنى
ساڭا تەۋە بولۇشتىن توسمايدۇ، ــ دېدى.
14 لېكىن ئۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ئۇنىڭدىن كۈچلۈك
كېلىپ، ئۇنى زورلاپ ئاياغ ئاستى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ياتتى.
15 ئاندىن ئامنون ئۇنىڭغا ئىنتايىن قاتتىق نەپرەتلەندى؛ ئۇنىڭ
ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتى ئۇنىڭغا بولغان ئەسلىدىكى مۇھەببىتىدىن
زىيادە بولدى. ئامنون ئۇنىڭغا: قوپۇپ، يوقال! ــ دېدى.
16 تامار ئۇنىڭغا: ياق! مېنى ھەيدىگەن گۇناھىڭ سەن ھېلى ماڭا
قىلغان شۇ ئىشتىن بەتتەردۇر، دېدى. لېكىن ئامنون ئۇنىڭغا قۇلاق
سالمىدى، 17 بەلكى خىزمىتىدىكى ياش يىگىتنى چاقىرىپ: بۇ
خوتۇننى ماڭا چاپلاشتۇرماي، سىرتقا چىقىرىۋەت، ئاندىن ئىشىكنى
تاقاپ قوي، دېدى.
18 تامار تولىمۇ رەڭدار بىر كۆڭلەك كىيگەنىدى؛ چۈنكى پادىشاھنىڭ
تېخى ياتلىق بولمىغان قىزلىرى شۇنداق كىيىم كىيەتتى. ئامنوننىڭ
خىزمەتكارى ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىشىكنى تاقىۋالدى. 19 تامار
بېشىغا كۈل چېچىپ، كىيگەن رەڭدار كۆڭلىكىنى يىرتىپ، قولىنى
بېشىغا قويۇپ يىغلىغان پېتى كېتىۋاتاتتى. 20 ئاكىسى ئابشالوم
ئۇنىڭغا: ئاكاڭ ئامنون سەن بىلەن ياتتىمۇ؟ ھازىرچە جىم تۇرغىن،
سىڭلىم. ئۇ سېنىڭ ئاكاڭ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىشنى كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن،

17:13 **«بۇ خوتۇننى ماڭا چاپلاشتۇرماي...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «بۇنى ماڭا چاپلاشتۇرماي...»

ـ دېدى. تامار ئاكىسى ئابشالومنىڭ ئۆيىدە كۆڭلى سۇنۇق ھالدا تۇرۇپ قالدى.
21 داۋۇت پادىشاھمۇ بولغان بارلىق ئىشلارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئاچچىقلاندى.
22 ئابشالوم بولسا ئامنونغا يا ياخشى، يا يامان ھېچ گەپ قىلمىدى. چۈنكى ئابشالوم سىڭلىسى تامارنى ئامنوننىڭ خورلىغانلىقىدىن ئۇنى ئۆچ كۆرەتتى.

## ئابشالوم ئامنوننى ئۆلتۈرىدۇ

23 تولۇق ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئەفرائىمغا يېقىن بائال-ھازوردا ئابشالومنىڭ قىرقىغۇچىلىرى قويلىرىنى قىرقىۋاتاتتى؛ ئۇ پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى تەكلىپ قىلدى. 24 ئابشالوم پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: مانا قۇللىرى قويلىرىنى قىرقىتىۋاتىدۇ، پادىشاھ ۋە خىزمەتكارلىرىنىڭ سىلىنىڭ قۇللىرى بىلەن بىللە بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن، ــ دېدى.
25 پادىشاھ ئابشالومغا: ياق، ئوغلۇم، بىز ھەممىمىز بارمايلى، ساڭا ئېغىرچىلىق چۈشۈپ قالمىسۇن، ــ دېدى. ئابشالوم شۇنچە دېسىمۇ، ئۇ بارغىلى ئۇنىمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا ئامەت تىلىدى.
26 لېكىن ئابشالوم: ئەگەر بېرىشقا ئۇنىمىسىلا، ئاكام ئامنوننى بىز بىلەن بارغىلى قويسىلا، ــ دېدى.
پادىشاھ ئۇنىڭدىن: نېمىشقا ئۇ سېنىڭ بىلەن بارىدۇ؟» ــ دەپ سورىدى.

---

**23:13 «ئىككى يىل ئۆتۈپ،... بائال-ھازوردا ئابشالومنىڭ قىرقىغۇچىلىرى قويلىرىنى قىرقىۋاتاتتى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «... ئىككى يىل ئۆتۈپ،... ئابشالومنىڭ ...بائال-ھازوردا (قوي) قىرقىغۇچىلىرى بار ئىدى».
**26:13 «ئەگەر بېرىشقا ئۇنىمىسىلا، ئاكام ئامنوننى بىز بىلەن بارغىلى قويسىلا»** ــ ئابشالوم ئاتىسى داۋۇتنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن (تەكەللۇپ بويىچە) ئۇنى ئاۋۋال تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ پادىشاھ قوشۇلماسلىقى مۇمكىن، دەپ بىلەتتى (پادىشاھ دەرۋەقە ئۇنىمىدى)؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەكەللۇپ بىلەن پادىشاھنىڭ تۇنجى ئوغلى ئامنوننى تەكلىپ قىلالايتتى.

27 ئەمما ئابشالوم ئۇنى كۆپ زورلىغىنى ئۈچۈن ئۇ ئامنوننىڭ، شۇنداقلا
پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشىغا
قوشۇلدى.
28 ئابشالوم ئۆز غۇلاملىرىغا بۇيرۇپ: سەگەك تۇرۇڭلار، ئامنون شاراب
ئىچىپ خۇش كەيپ بولغاندا، مەن سىلەرگە ئامنوننى ئۇرۇڭلار دېسەم،
ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈڭلار. قورقماڭلار! بۇلارنى سىلەرگە بۇيرۇغۇچى مەن
ئەمەسمۇ؟ جۈرئەتلىك بولۇپ باتۇرلۇق كۆرسىتىڭلار ــ دېدى.
29 شۇنىڭ بىلەن ئابشالومنىڭ غۇلاملىرى ئامنونغا ئابشالوم ئۆزى
بۇيرۇغاندەك قىلدى. شۇئان پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرى قوپۇپ،
ھەر بىرى ئۆز قېچىرىغا مىنىپ قاچتى. 30 شۇنداق بولدىكى، ئۇلار
تېخى يولدا قېچىپ كېتىۋاتقاندا، «ئابشالوم پادىشاھنىڭ ھەممە
ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى قالمىدى» دېگەن خەۋەر
داۋۇتقا يەتكۈزۈلدى.
31 پادىشاھ قوپۇپ كىيىملىرىنى يىرتىپ يەردە دۈم ياتتى؛ ئۇنىڭ ھەممە
قۇل-خىزمەتكارلىرى بولسا كىيىملىرى يىرتىق ھالدا يېنىدا تۇراتتى.
32 ئەمما داۋۇتنىڭ ئاكىسى شىمېئاھنىڭ ئوغلى يوناداب ئۇنىڭغا:
ــ غوجام، ئۇلار پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ھەممە يىگىتلەرنى
ئۆلتۈردى، دەپ خىيال قىلمىسىلا. چۈنكى پەقەت ئامنون ئۆلدى؛
ئۇ ئىش ئامنوننىڭ ئابشالومنىڭ سىڭلىسى تامارنى خار قىلغان
كۈندىن باشلاپ ئابشالومنىڭ ئاغزىدىن چىقارمىغان نىيىتى ئىدى.
33 ئەمدى غوجام پادىشاھ «پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرى ئۆلدى»
دېگەن ئويدا بولۇپ كۆڭۈللىرىنى بىئارام قىلمىسىلا. چۈنكى پەقەت
ئامنونلا ئۆلدى ــ دېدى.
34 ئابشالوم بولسا قېچىپ كەتكەندى. يېرۇسالېمدىكى كۆزەتچى
غۇلام قاراۋېدى، مانا، غەرب تەرىپىدىن تاغنىڭ يېنىدىكى يول بىلەن
نۇرغۇن ئادەملەر كېلىۋاتاتتى. 35 يوناداب پادىشاھقا: مانا، پادىشاھنىڭ

---

**31:13** 2سام. 11:1

34:13 **«غەرب تەرىپىدىن...»** ــ ياكى «ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدىن...».

ئوغۇللىرى كەلدى. دەل قۇللىرى دېگەندەك بولدى ــ دېدى.
36 سۆزىنى تۈگىتىپ تۇرۇشىدى، پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى كېلىپ قاتتىق
يىغا-زار قىلدى. پادىشاھ بىلەن خىزمەتكارلىرىمۇ قاتتىق يىغلاشتى.
37 لېكىن ئابشالوم بولسا گەشۇرنىڭ پادىشاھى، ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى
تالمايىنىڭ قېشىغا باردى. داۋۇت ئوغلى ئۈچۈن ھەر كۈنى ھازا تۇتۇپ
قايغۇردى.
38 ئابشالوم قېچىپ، گەشۇرغا بېرىپ ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇردى. 39 داۋۇت
پادىشاھنىڭ قەلبى ئابشالومنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئىنتىزار بولدى؛
چۈنكى ئۇ ئامنونغا نىسبەتەن تەسەللى تاپقانىدى، چۈنكى ئۇ
ئۆلگەنىدى.

## ئابشالوم يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىدۇ

14
1 ئەمدى زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئاب پادىشاھ قەلبىنىڭ
ئابشالومغا تەلمۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقىدى. 2 شۇنىڭ ئۈچۈن
يوئاب تەكوئاغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ يەردىن دانىشمەن بىر خوتۇننى
ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭغا: سەندىن ئۆتۈنەي، ئۆزۈڭنى ماتەم تۇتقان
كىشىدەك كۆرسىتىپ قارىلىق كىيىمى كىيىپ، ئۆزۈڭنى ئەتىرلىك
ماي بىلەن ياغلىماي، بەلكى ئۆزۈڭنى ئۆلگۈچى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت

---

37:13 **«ئابشالوم بولسا گەشۇرنىڭ پادىشاھى، ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى تالمايىنىڭ قېشىغا باردى»** ــ تالماي ئابشالومنىڭ چوڭ ئاتىسى (ئاپىسىنىڭ ئاتىسى) ئىدى («1تار.» 3:2).

39:13 **«داۋۇت پادىشاھنىڭ قەلبى ئابشالومنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئىنتىزار بولدى»** ــ بۇ ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمى توغرۇلۇق باشقا بىرخىل چۈشەنچە: «داۋۇت پادىشاھ قەلبىدە «مەن چىقىپ ئابشالومنى ئۇراي» دېگەن نىيەتتىن يېنىپ قالدى».

1:14 **«...يوئاب پادىشاھ قەلبىنىڭ ئابشالومغا تەلمۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقىدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...يوئاب پادىشاھ قەلبىنىڭ ئابشالومغا ئۆچ بولغانلىقىنى بايقىدى». بىراق يوئابنىڭ ئىشلەتكەن تەدبىردىن (2-23) قارىغاندا، بىزنىڭ تەرجىمىمىزنى شۇ ئەھۋالغا بەكرەك ماسلىشىدۇ، دەپ قارايمىز.

هازىر بولغان ئايالدەك قىلىپ [3] داۋۇت پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ
ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن، ــ دېدى.
شۇنداق قىلىپ، يوئاب دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۇ ئايالغا ئۆگەتتى.
[4] شۇنىڭ بىلەن تەكوئالىق بۇ ئايال پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تەزىم
قىلىپ، باش ئۇرۇپ: ئى پادىشاھىم، مېنى قۇتقۇزۇۋالغايلا، ــ دېدى.
[5] پادىشاھ ئۇنىڭدىن: نېمە دەردىڭ بار؟ دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاپ بېرىپ:
مەن دەرۋەقە بىر تۇل خوتۇنمەن! ئېرىم ئۆلۈپ كەتتى؛ [6] دېدەكلىرىنىڭ
ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئىككىسى ئېتىزلىقتا ئۇرۇشۇپ قېلىپ،
ئارىغا چۈشىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، بىرى يەنە بىرىنى ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈپ قويىدى. [7] مانا، ھازىر پۈتۈن ئۆيدىكىلەر دېدەكلىرىگە قارشى
قوپۇپ، ئىنىسىنى ئۆلتۈرگىنىنى بىزگە تۇتۇپ بەرگىن؛ ئىنىسىنىڭ
جېنىنى ئېلىپ، قەتل قىلغىنى ئۈچۈن بىز جانغا جان ئالىمىز.
شۇنىڭ بىلەنمۇ مىراس ئالغۇچىنى يوقىتىمىز، دەۋاتىدۇ. ئۇلار شۇنداق
قىلىپ يالغۇز قالغان چوغۇمنى ئۆچۈرۈپ، ئېرىمگە نە نام نە يەر يۈزىدە
ئەۋلادمۇ قالدۇرغىلى قويمايدۇ، ــ دېدى.
[8] پادىشاھ ئايالغا: ئۆيۈڭگە بارغىن، مەن ئەھۋالغا قاراپ سەن توغرۇلۇق
ھۆكۈم چىقىرىمەن، ــ دېدى.
[9] تەكوئالىق ئايال پادىشاھقا: ئى، غوجام پادىشاھ، بۇ ئىشتا گۇناھ
بولسا، ھەممىسى مېنىڭ بىلەن ئاتامنىڭ جەمەتى ئۈستىدە بولسۇن،
پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ تەختى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسۇن، ــ دېدى.

---

2:14 **«ئۆزۈڭنى ئەتىرلىك ماي بىلەن ياغلىماي،...»** ــ ئىبرانيي تىلدا «ئۆزۈڭنى ئەتىرلىك ماي بىلەن مەسىھلىمەي،...». كونا زامانلاردا ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەللەر ئارىسىدا كىشىلەردە (ئەرلەر ۋە ئاياللاردىمۇ) يۈزلىرىنى ئەتىرلىك ماي بىلەن سۈرۈش ئادىتى بار ئىدى. لېكىن ماتەم تۇتقانلار قايغۇنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلمايتتى.

9:14 **«بۇ ئىشتا گۇناھ بولسا،...»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، بىرسى باشقا بىرسىنى بىكاردىن-بىكار ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىساس ئېلىش ھوقۇقى بار ئىدى («چۆل.» 35:9-34). بىرسى بىرەرسىنى تاسادىپىيلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۆلتۈرگۈچى كىشى چەتئەلگە ياكى «پاناھلىق شەھىرى»گە قاچسا بولاتتى. ئەمما مۇشۇ يەردە پادىشاھ شۇ ئايالنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ «قىساس ئېلىش»تىن ئىبارەت قانۇنلۇق ھوقۇقىنى

[10] پادىشاھ: بىرەر كىم ساڭا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلسا، ئۇنى مېنىڭ
قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن، ئۇ سېنى يەنە ئاۋارە قىلمايدىغان بولىدۇ،
— دېدى.
[11] ئايال جاۋاب بېرىپ: ئۇنداقتا پادىشاھ پەرۋەردىگار خۇدالىرىنى ياد
قىلغايلا، قانغا قان ئىنتىقام ئالغۇچىلارنىڭ ئوغلۇمنى يوقاتماسلىقى
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىشىغا يول قويمىغايلا، — دېدى. پادىشاھ:
پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ
بىر تال چېچى يەرگە چۈشمەيدۇ، — دېدى.
[12] لېكىن ئايال: دېدەكلىرى غوجام پادىشاھقا يەنە بىر سۆزنى دېگىلى
قويغايلا، دېۋىدى، ئۇ: ئېيتقىن — دېدى. [13] ئايال يەنە مۇنداق دېدى:
ئەمدى سىلى نېمىشقا خۇدانىڭ خەلقىگە شۇنىڭغا ئوخشاش زىيانلىق
بىر ئىشنى نىيەت قىلدىلا؟ پادىشاھ شۇ گېپى بىلەن ئۆزىنى گۇناھكار
قىلىپ بېكىتتىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى پالىغان كىشىنى قايتۇرۇپ
ئەكەلمىدى. [14] دەرۋەقە ھەممىمىز چوقۇم ئۆلۈپ، يەرگە تۆكۈلگەن،
قايتىدىن يىغىۋالغىلى بولمايدىغان سۇدەك بولىمىز. لېكىن خۇدا
ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ئەمەس، بەلكى ئۆز پالانغىنىنى ئۆزىگە
قايتۇرۇپ ئەكېلىشكە ئىلاج قىلىدۇ.
[15] ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ غوجام پادىشاھقا شۇ ئىش توغرىسىدىن
سۆز قىلغىلى كېلىشىمنىڭ سەۋەبى، خەلق مېنى قورقاتتى. لېكىن
دېدەكلىرى: بۇ گەپنى پادىشاھقا ئېيتاي! پادىشاھ بەلكىم ئۆز
چۆرىسىنىڭ ئىلتىماسىنى بەجا كەلتۈرەر، دېگەن ئويدا بولدى. [16]
چۈنكى پادىشاھ ئاڭلىشى مۇمكىن، چۆرىسىنى ھەم ئوغلۇمنى
خۇدانىڭ مىراسىدىن تەڭ يوقاتماقچى بولغان كىشىنىڭ قولىدىن

---

توسماقچى بولىدۇ. كېيىن ئۇ شۇنى بىلدۇكى، ھەممە سۆزلەر پەقەت بىر تەمسىلدۇر، خالاس.

11:14 **«پادىشاھ پەرۋەردىگار خۇدالىرىنى ياد قىلغايلا...»** — دېگەننىڭ مەنىسى بەلكىم «پادىشاھ پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغايلا...».

14:14 **«خۇدا... پالانغىنىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئەكېلىشكە ئىلاج قىلىدۇ»** — ئىبرانىي تىلدا: «خۇدا... ئۆزىنىڭ پالىغىنىنى ئۆزىدىن پالاندى قېلىۋەرمەسلىكىگە ئىلاج قىلىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**قۇتقۇزۇپ قالار. 17 شۇڭا دېدەكلىرى، غوجام پادىشاھنىڭ سۆزى ماڭا
ئاراملىق بېرەر، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى غوجام پادىشاھ خۇدانىڭ
بىر پەرىشتىسىدەك ياخشى-يامانىنى پەرق ئەتكۈچىدۇر. پەرۋەردىگار
خۇدالىرى سىلى بىلەن بىللە بولغاي!**
**18 پادىشاھ ئايالغا جاۋاب بېرىپ: سەندىن ئۆتۈنىمەنكى، مەن سەندىن
سورىماقچى بولغان ئىشنى مەندىن يوشۇرمىغايسەن، دېدى. ئايال:
غوجام پادىشاھ سۆز قىلسىلا، دېدى.**
**19 پادىشاھ: بۇ گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى يوئابنىڭ كۆرسەتمىسىمۇ،
قانداق؟ ــ دېدى. ئايال جاۋاب بېرىپ: ئى، غوجام پادىشاھ، سىلىنىڭ
جانلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، غوجام پادىشاھ ئېيتقانلىرى
ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ قايمايدىغان ھەقىقەتتۇر. دەرۋەقە سىلىنىڭ
قۇللىرى يوئاب ماڭا شۇنى تاپىلاپ، بۇ سۆزلەرنى دېدەكلىرىنىڭ
ئاغزىغا سالدى. 20 يوئابنىڭ بۇنداق قىلىشى بۇ ئىشنى ھەل قىلىش
ئۈچۈن ئىدى. غوجامنىڭ دانالىقى خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسىنىڭكىدەك
ئىكەن، زېمىندا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئىشلارنى بىلىدىكەن، ــ دېدى.**
**21 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يوئابقا: ماقۇل! مانا، بۇ ئىشقا ئىجازەت
بەردىم. بېرىپ ئۇ يىگىت ئابشالومنى ئېلىپ كەلگىن، دېدى.**
**22 يوئاب يەرگە يىقىلىپ باش ئۇرۇپ، پادىشاھقا بەخت-بەرىكەت
تىلىدى. ئاندىن يوئاب: ئى غوجام پادىشاھ، ئۆز قۇلۇڭنىڭ تەلىپىگە
ئىجازەت بەرگىنىڭدىن، ئۆز قۇلۇڭنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا ئىلتىپات
تاپقىنىنى بۈگۈن بىلدىم، ــ دېدى.**
**23 ئاندىن يوئاب قوزغىلىپ، گەشۇرغا بېرىپ ئابشالومنى يېرۇسالېمغا
ئېلىپ كەلدى. 24 ئەمما پادىشاھ: ــ ئۇ مېنىڭ يۈزۈمنى كۆرمەي، ئۆز**

16:14 **«خۇدانىڭ مىراسى»** ــ شۈبھىسىزكى، تۇل خوتۇن ۋە ئوغلىغا (خۇدانىڭ بىرنەچچە دەۋر ئىلگىرى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئەجدادلىرىغا تاپشۇرغان كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن) («يە.» 7:12 قاتارلىقلار) مىراس قالغان زېمىننى كۆرسىتىدۇ.

19:14 **«يوئابنىڭ كۆرسەتمىسى»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «يوئابنىڭ قولى». **«غوجام پادىشاھ ئېيتقانلىرى ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ قايمايدىغان ھەقىقەتتۇر»** ــ ئىبرانىي تىلدا «بىرسى غوجام پادىشاھ ئېيتقانلىرىدىن ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ بۇرۇلسا، ئۇ ھەقىقەتتە تۇرمايدۇ».

ئۆيىگە بارسۇن، دېگەنىدى. شۇڭا ئابشالوم پادىشاھنىڭ يۈزىنى
كۆرمەي، ئۆز ئۆيىگە كەتتى.
25 ئەمدى پۈتكۈل ئىسرائىل تەۋەسىدە ئابشالومدەك چىرايلىق دەپ
ماختالغان ئادەم يوق ئىدى. تاپىنىدىن تارتىپ چوققىسىغىچە ئۇنىڭدا
ھېچ ئەيىب يوق ئىدى. 26 ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرگەندە (ئۇ ھەر يىلىنىڭ
ئاخىرىدا چېچىنى چۈشۈرەتتى؛ چېچى ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە،
شۇڭا ئۇنى چۈشۈرەتتى)، چېچىنى پادىشاھنىڭ «ئۆلچەم تارازا»سى
بىلەن تارتسا ئىككى يۈز شەكەل چىقاتتى. 27 ئابشالومدىن ئۈچ ئوغۇل
ۋە تامار ئىسىملىك بىر قىز تۇغۇلدى. قىزى تولىمۇ چىرايلىق ئىدى.
28 ئابشالوم پادىشاھنىڭ يۈزىنى كۆرمەي، يېرۇسالېمدا توپتوغرا
ئىككى يىل تۇشقۇچە تۇردى؛ 29 ئابشالوم يوئابقا ئادەم ماڭدۇرۇپ،
ئۆزىنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتىشىنى ئۆتۈندى، ئەمما ئۇ كەلگىلى
ئۇنىمىدى. ئابشالوم ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتتى،
لېكىن يوئاب كېلىشنى خالىمىدى.
30 شۇنىڭ بىلەن ئابشالوم ئۆز خىزمەتكارلىرىغا: ــ يوئابنىڭ
مېنىڭكىگە يانداش ئارپا تېرىقلىق بىر پارچە ئېتىزلىقى بار. بېرىپ
ئۇنىڭغا ئوت قويۇڭلار، دەپ بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئابشالومنىڭ
خىزمەتكارلىرى يوئابنىڭ بۇ بىر پارچە ئېتىزلىقىغا ئوت قويدى.
31 ئاندىن يوئاب قوزغىلىپ ئابشالومنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭدىن:
نېمىشقا خىزمەتكارلىرىڭ ئېتىزلىقىمغا ئوت قويدى! ــ دەپ سورىدى.
32 ئابشالوم يوئابقا جاۋاب بېرىپ: مانا، مەن ساڭا ئادەم ئەۋەتىپ:
قېشىمغا كەلسۇن، ئاندىن پادىشاھنىڭ قېشىغا ماڭا ۋاكالىتەن
بارغۇزۇپ ئۇنىڭغا: مەن نېمىشقا گەشۇردىن يېنىپ كەلگەندىمەن؟ ئۇ
يەردە قالسام، ياخشى بولاتتىكەن، دەپ ئېيتقۇزماقچى ئىدىم. ئەمدى
پادىشاھ بىلەن دىدارلاشسام دەيمەن؛ مەندە قەبىھلىك بولسا، ئۇ مېنى
ئۆلتۈرسۇن، ــ دېدى.
33 شۇنىڭ بىلەن يوئاب پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ

26:14 **«ئىككى يۈز شەكەل»** ــ 1.4 كىلوگرام بولۇشى مۇمكىن.

خەۋەرنى يەتكۈزدى. پادىشاھ ئابشالومنى چاقىردى؛ ئۇ پادىشاھنىڭ
قېشىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ باش ئۇردى؛
پادىشاھ ئابشالومنى سۆيدى.

## ئابشالوم پادىشاھقا ئىسيان كۆتۈرىدۇ

15 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئابشالوم ئۆزىگە جەڭ ھارۋىسى بىلەن
ئاتلارنى تەييارلاتتى ھەم ئۆز ئالدىدا يۈگۈرىدىغان ئەللىك
ئەسكەرنى بېكىتتى. [2] ئابشالوم تاڭ سەھەردە قوپۇپ، دەرۋازىغا
بارىدىغان يولنىڭ يېنىدا تۇراتتى. قاچان بىرسى دەۋايىمنى كەسسۇن
دەپ، پادىشاھقا ئەرز تۇتقىلى كەلسە، ئابشالوم ئۇنى چاقىرىپ:
سەن قايسى شەھەردىن كەلدىڭ، ــ دەپ سورايتتى. ئۇ كىشى: قۇلۇڭ
ئىسرائىلنىڭ پالانچى قەبىلىسىدىن كەلدى، دېسە، [3] ئابشالوم
ئۇنىڭغا: مانا، دەۋايىڭلار دۇرۇس ۋە ھەق ئىكەن، لېكىن پادىشاھ
تەرىپىدىن ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئەرزىڭنى ئاڭلاشقا قويۇلغان ئادەم يوق،
دەيتتى. [4] ئاندىن ئابشالوم يەنە: كاشكى، مەن زېمىندا سوراقچى
قىلىنسامىدى، ھەر كىمنىڭ ئەرزى ياكى دەۋايى بولۇپ، مېنىڭ
قېشىمغا كەلسە، ئۇنىڭغا ئادالەت كۆرسىتەتتىم! ــ دەيتتى.
[5] بىركىم ئۇنىڭغا تەزىم قىلغىلى ئالدىغا بارسا، ئابشالوم قولىنى
ئۇزۇتۇپ، ئۇنى تۇتۇپ سۆيەتتى. [6] ئابشالوم شۇنداق قىلىپ پادىشاھنىڭ
ھۆكۈم چىقىرىشىغا كەلگەن ئىسرائىلنىڭ ھەربىر ئادەملىرىنىڭ
كۆڭۈللىرىنى ئۇتۇۋالاتتى.
[7] تۆت يىل ئۆتكەندە، ئابشالوم پادىشاھقا: مېنىڭ ھېبروندا
پەرۋەردىگارغا ئىچكەن قەسىمىمنى ئادا قىلىشىم ئۈچۈن، شۇ يەرگە
بېرىشقا ئىجازەت بەرسەڭ؛ [8] چۈنكى قۇلۇڭ سۇرىيەدىكى گەشۇردا
تۇرغىنىمدا قەسەم ئىچىپ: ئەگەر پەرۋەردىگار مېنى يېرۇسالېمغا

---

7:15 **«تۆت يىل ئۆتكەندە...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «قىرىق يىل ئۆتكەندە...» دېيىلىدۇ. بۇ بەلكىم كۆچۈرمىچىنىڭ خاتالىقىدىن بولغان.

قايتۇرسا، مەن پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىمەن، دەپ ئېيتقانىدى، ــ دېدى.

9 پادىشاھ ئۇنىڭغا: تىنچ-ئامان بېرىپ كەلگىن، دېۋىدى، ئۇ قوزغىلىپ ھېبرونغا كەتتى.

10 لېكىن ئابشالوم ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىگە مەخپىي ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇپ: بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا: «ئابشالوم ھېبروندا پادىشاھ بولدى!» دەپ ئېلان قىلىڭلار، دېدى.

11 ئەمدى ئىككى يۈز ئادەم تەكلىپ بىلەن ئابشالوم بىلەن بىرگە يېرۇسالېمدىن بارغانىدى. ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالدىن بىخەۋەر بولغاچقا، ساددىلىق بىلەن بارغانىدى. 12 ئابشالوم قۇربانلىق ئۆتكۈزگەندە، ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ داۋۇتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان گىلوھلۇق ئاھىتوفەلنى ئۆز شەھىرى گىلوھدىن ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قەست بارغانسېرى كۈچەيدى، ئابشالومغا ئەگەشكەنلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى.

## داۋۇت يېرۇسالېمدىن قاچىدۇ

13 داۋۇتقا بىر خەۋەرچى كېلىپ: ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆڭۈللىرى ئابشالومغا مايىل بولدى، ــ دېدى.

14 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت يېرۇسالېمدا ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە قۇل-خىزمەتكارلىرىغا: قوپۇپ قاچايلى! بولمىسا، ئابشالومدىن قۇتۇلالمايمىز. ئىتتىك كېتەيلى؛ بولمىسا، ئۇ تۇيۇقسىز ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىپ، بىزگە بالا كەلتۈرۈپ شەھەر خەلقىنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرىدۇ، دېدى.

15 پادىشاھنىڭ قۇل-خىزمەتكارلىرى پادىشاھقا: غوجام پادىشاھ نېمە بېكىتسە، شۇنى قىلىمىز، دېدى.

16 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ، چىقىپ كەتتى؛ ئەمما پادىشاھ كېنىزەكلىرىدىن ئوننى ئوردىغا قاراشقا قويدى.

17 پادىشاھ چىقىپ كەتكەندە ھەممە خەلق ئۇنىڭغا ئەگەشتى؛ ئۇلار

بەيت-مەرھاكتا تۇرۇپ قالدى. [18] ھەممە خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىدرون ئېقىنىدىن ئۆتۈۋاتاتتى؛ بارلىق كەرەتىيلەر، بارلىق پەلەتىيلەر، بارلىق گاتلىقلار، يەنى گات شەھىرىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئالتە يۈز ئادەم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. [19] پادىشاھ گاتلىق ئىتتايغا: سەن نېمىشقا بىز بىلەن بارىسەن؟ يېنىپ بېرىپ پادىشاھنىڭ قېشىدا تۇرغىن؛ چۈنكى سەن ئۆز يۇرتۇڭدىن مۇساپىر بولۇپ پالانغانسەن. [20] سەن پەقەت تۈنۈگۈنلا كەلدىڭ، مەن بۈگۈن قانداقسىگە سېنى ئۆزۈم بىلەن بىللە سەرسان قىلاي؟ مەن بولسام، نەگە بارالىسام، شۇ يەرگە بارىمەن. قېرىنداشلىرىڭنى ئېلىپ يېنىپ كەتكىن؛ خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە ھەقىقىتى ساڭا يار بولغاي! — دېدى. [21] لېكىن ئىتتاي پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن ۋە غوجام پادىشاھنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەيلى ھايات ياكى مامات بولسۇن، غوجام پادىشاھ قەيەردە بولسا، قۇلۇڭ شۇ يەردىمۇ بولىدۇ! — دېدى.

[22] داۋۇت ئىتتايغا: ئەمدى سەنمۇ بېرىپ ئېقىندىن ئۆتكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن گاتلىق ئىتتاي ھەممە ئادەملىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ماڭغان بارلىق بالا-چاقىلىرى ئۆتۈپ كەتتى. [23] ھەممە خەلق ئۆتۈۋاتقاندا، پۈتكۈل شۇ يۇرتتىكىلەر قاتتىق ئاۋاز بىلەن يىغلىدى. پادىشاھ ئۆزىمۇ كىدرون ئېقىنىدىن ئۆتكەندە، بارلىق خەلق چۆللۈك تەرىپىگە قاراپ يول ئالدى.

---

**17:15 «بەيت-مەرھاك»** — ياكى «يىراقتىكى ئۆيدە».

**18:15 «كىدرون دەرياسىدىن»** — بۇ سۆزلەر ئىبرانىي تېكىستىدە يوق، لېكىن «ئۆتۈۋاتاتتى» دېگەن سۆز بۇ مەنىنى كۆرسىتىدۇ (23-ئايەتنى كۆرۈڭ). كىدرون ئېقىنى يېرۇسالېمنىڭ شەرقىي تەرىپىگە يېقىن بولۇپ، ئىئوردان دەرياسىغا ماڭغاندا ئۇنىڭدىن ئۆتۈشى كېرەك.

**18:15** 2سام. 18:8؛ 1پاد. 38:1؛ 1تار. 17:18

**19:15 «يېنىپ بېرىپ پادىشاھنىڭ قېشىدا تۇرغىن...»** — داۋۇت «پادىشاھ» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ، ئابشالوم «يېڭى پادىشاھ»نى كۆرسىتىدۇ. 34-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

**22:15 «ئېقىندىن ئۆتكىن»** — بەلكى كىدرون دەرياسىدىن (23-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**23:15** يۇھ. 1:18

24 ۋە مانا، زادوك بىلەن لاۋىيلارمۇ خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ
بىللە كەلدى؛ ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى يەردە قويدى. بارلىق
خەلق شەھەردىن چىقىپ ئۆتكۈچە ئابىياتار بولسا، قۇربانلىقلارنى
سۇنۇپ تۇراتتى. 25 پادىشاھ زادوكقا: خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
شەھەرگە ياندۇرۇپ ئېلىپ كىرگىن. مەن ئەگەر پەرۋەردىگارنىڭ
كۆزلىرىدە ئىلتىپات تاپسام، ئۇ چوقۇم مېنى ياندۇرۇپ كېلىدۇ ۋە ئۇ
ماڭا ئەھدە ساندۇقىنى ۋە ئۆز ماكانىنى يەنە كۆرگۈزىدۇ؛ 26 لېكىن ئۇ
مېنىڭ توغرامدا: سەندىن خۇرسەنلىكىم يوق، دېسە، مانا مەن؛ ئۇ
مېنى قانداق قىلىشنى لايىق كۆرسە، شۇنداق قىلسۇن، ــ دېدى.
27 پادىشاھ كاھىن زادوكقا: سەن ئالدىن كۆرگۈچى ئەمەسمۇ؟ سەن
ۋە ئۆز ئوغلۇڭ ئاخىمائاز ۋە ئابىياتارنىڭ ئوغلى يوناتان، يەنى
ئىككىڭلارنىڭ ئىككى ئوغلۇڭلار ساڭا ھەمراھ بولۇپ تىنچ-ئامان
شەھەرگە قايتقىن. 28 مانا، مەن سىلەردىن خەۋەر كەلگۈچە چۆلدىكى
ئۆتكەللەردە كۈتۈپ تۇراي، ــ دېدى.
29 شۇنىڭ بىلەن زادوك بىلەن ئابىياتار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
يېرۇسالېمغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇ يەردە قالدى.
30 لېكىن داۋۇت زەيتۇن تېغىغا چىققاندا، بېشىنى يېپىپ يالاڭ ئاياغ
بولۇپ يىغلاۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە خەلقنىڭ ھەربىرى
بېشىنى يېپىپ يىغلاپ چىقىۋاتاتتى. 31 بىرسى كېلىپ داۋۇتقا:
ئاھىتوفەلمۇ ئابشالومنىڭ قەستىگە قاتناشقانلار ئىچىدە ئىكەن،
دېدى. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت دۇئا قىلىپ: ئى پەرۋەردىگار، ئاھىتوفەلنىڭ
مەسلىھەتىنى ئەخمەقانىلىككە ئايلاندۇرغايسەن، دېدى.
32 داۋۇت تاغنىڭ چوققىسىغا، يەنى ئادەتتە ئۇ مەخسۇس خۇداغا ئىبادەت
قىلىدىغان جايغا يەتكەندە، ئاركىلىق ھۇشاي تونى يىرتىق، بېشىغا
توپا-چاڭ چېچىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. 33 داۋۇت ئۇنىڭغا:

---

24:15 **«بارلىق خەلق شەھەردىن چىقىپ ئۆتكۈچە ئابىياتار بولسا، قۇربانلىقلارنى سۇنۇپ تۇراتتى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بارلىق خەلق شەھەردىن چىقىپ ئۆتكۈچە ئابىياتار ساقلاپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۆتتى».

مېنىڭ بىلەن بارساڭ، ماڭا يۈك بولۇپ قالىسەن؛ [34] لېكىن شەھەرگە
قايتىپ بېرىپ ئابشالومغا: ئى پادىشاھ، مەن بۇگۈنگە قەدەر ئاتاڭنىڭ
قۇل-خىزمەتكارى بولغاندەك، ئەمدى سېنىڭ قۇل-خىزمەتكارىڭ
بولاي، دېسەڭ، سەن مەن ئۈچۈن ئاھىتوفەلنىڭ مەسلىھەتىنى بىكار
قىلىۋېتەلەيسەن. [35] مانا زادوك ۋە ئابىياتار دېگەن كاھىنلارمۇ شۇ
يەردە سەن بىلەن بىللە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن
نېمە ئاڭلىساڭ، زادوك بىلەن ئابىياتار كاھىنلارغا ئېيتقىن. [36] مانا،
ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى، يەنى زادوكنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز بىلەن
ئابىياتارنىڭ ئوغلى يوناتانمۇ شۇ يەردە ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ.
ھەرنېمە ئاڭلىساڭ، ئۇلار ئارقىلىق ماڭا خەۋەر يەتكۈزگىن ــ دېدى.
[37] شۇنىڭ بىلەن داۋۇتنىڭ دوستى ھۇشاي شەھەرگە باردى؛ ئابشالوممۇ
دەل شۇ چاغدا يېرۇسالېمغا كىردى.

## داۋۇت زىبادىن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىدۇ

16 [1] داۋۇت تاغنىڭ چوققىسىدىن ئەمدىلا ئۆتۈشىگە
مەفىبوشەتنىڭ خىزمەتكارى زىبا ئىككى يۈز نان، بىر يۈز
كىشمىش پوشكىلى، يۈز يازلىق مېۋە پوشكىلى ۋە بىر تۇلۇم شارابنى
ئىككى ئېشەككە ئارتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.
[2] پادىشاھ زىباغا: بۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئەكەلدىڭ؟ دېدى. زىبا:
ئېشەكلەرنى پادىشاھنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مىنىشى ئۈچۈن، نانلار
بىلەن يازلىق مېۋىلەرنى غۇلاملارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن، شارابنى چۆلدە
ھېرىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن ئەكەلدىم ــ دېدى.
[3] پادىشاھ: غوجاڭنىڭ ئوغلى نەدە؟ ــ دەپ سورىدى. زىبا پادىشاھقا
جاۋاب بېرىپ: ئۇ يەنىلا يېرۇسالېمدا قالدى، چۈنكى ئۇ: بۈگۈن
ئىسرائىل جەمەتىدىكىلەر ئاتامنىڭ پادىشاھلىقىنى ماڭا ياندۇرۇپ

1:16 **«يۈز يازلىق مېۋە پوشكىلى»** ــ ياكى «يۈز ئەنجۈر پوشكىلى».

بېرىدۇ، دەپ ئولتۇرىدۇ ــ دېدى.
[4] پادىشاھ زىباغا: مانا مەفىبوشەتنىڭ ھەممىسى ساڭا تەۋە بولسۇن،
دېۋىدى، زىبا: مەن سىلىگە تەزىم قىلىمەن؛ سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا
ئىلتىپات تاپسام، ئى غوجام پادىشاھ، ــ دېدى.
[5] داۋۇت پادىشاھ باھۇرىمغا كەلگەندە، مانا سائۇلنىڭ جەمەتىدىن
بولغان، گېرانىڭ ئوغلى شىمەي ئىسىملىك بىر ئادەم شۇ يەردىن ئۇنىڭ
ئالدىغا چىقتى؛ ئۇ بۇ ياققا كەلگەچ كىمدۇ بىرىنى قارغاۋاتاتتى. [6] ئۇ
داۋۇتنىڭ ئۆزىگە ۋە داۋۇت پادىشاھنىڭ بارلىق خىزمەتكارلىرىغا قاراپ
تاشلارنى ئاتتى؛ ھەممە خەلق بىلەن بارلىق پالۋانلار پادىشاھنىڭ ئوڭ
تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە تۇراتتى.
[7] شىمەي قارغاپ: يوقال، يوقال، ھەي سەن قانخور، ئىپلاس! [8] سەن
سائۇلنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدۇڭ، لېكىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ
جەمەتىنىڭ قېنىنى سېنىڭ بېشىڭغا قايتۇردى؛ ئەمدى پەرۋەردىگار
پادىشاھلىقنى ئوغلۇڭ ئابشالومنىڭ قولىغا بەردى؛ مانا، ئۆزۈڭنىڭ
رەزىللىكىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭگە چۈشتى، چۈنكى سەن بىر قانخورسەن!
ــ دېدى.
[9] زەرۇئىيانىڭ ئوغلى ئابىشاي پادىشاھقا: نېمىشقا بۇ ئۆلۈك ئىت
غوجام پادىشاھنى قارغىسۇن؟ ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى
كەسكىلى ماڭا ئىجازەت بەرگەيسەن! ــ دېدى.
[10] لېكىن پادىشاھ: ئى زەرۇئىيانىڭ ئوغۇللىرى، مېنىڭ بىلەن نېمە
كارىڭلار؟ ئۇ قارغىسا قارغىسۇن! ئەگەر پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا، داۋۇتنى
قارغىغىن، دەپ ئېيتقان بولسا، ئۇنداقتا كىم ئۇنىڭغا: نېمىشقا
بۇنداق قىلىسەن؟ ــ دېيەلىسۇن؟

---

**3:16** 2سام. 27:19
**5:16** 1پاد. 8:2
**7:16** **«ھەي سەن قانخور، ئىپلاس!»** ــ «ئىپلاس» ئىبرانيي تىلدا: «ئىبلىس (بېلىيال)نىڭ ئوغلى».
**9:16** 1سام. 15:24؛ 2سام. 8:9

11 داۋۇت ئابشايغا ۋە بارلىق خىزمەتكارلىرىغا: مانا ئۆز پۇشتۇمدىن
بولغان ئوغلۇم مېنىڭ جېنىمنى ئىزدىگەن يەردە، بۇ بىنيامىن
كىشى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق قىلمامدۇ؟ ئۇنى قارغىغىلى قويغىن،
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا شۇنداق بۇيرۇپتۇ. 12 پەرۋەردىگار بەلكىم
مېنىڭ دەردلىرىمنى نەزىرىگە ئېلىپ، بۇ ئادەمنىڭ بۈگۈن مېنى
قارغىغانلىرىنىڭ ئورنىدا ماڭا ياخشىلىق ياندۇرار، دېدى.
13 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئۆز ئادەملىرى بىلەن يولدا مېڭىۋەردى. شىمەي
بولسا داۋۇتنىڭ ئۇدۇلدىكى تاغ باغرىدا ماڭغاچ قارغايتتى ھەم تاش
ئېتىپ توپا-چاڭ چاچاتتى.
14 پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان خەلقنىڭ ھەممىسى ھېرىپ،
مەنزىلگە بارغاندا ئۇ يەردە ئارام ئالدى.

## ئاھىتوفەلنىڭ مەسلىھەتى

15 ئەمدى ئابشالوم بارلىق ئىسرائىللار بىلەن يېرۇسالېمغا كەلدى؛
ئاھىتوفەل ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. 16 داۋۇتنىڭ دوستى ئاركىلىق
ھۇشاي ئابشالومنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ ئابشالومغا: پادىشاھ
ياشىسۇن! پادىشاھ ياشىسۇن! ــ دېدى.
17 ئابشالوم ھۇشايغا: بۇ سېنىڭ دوستۇڭغا كۆرسىتىدىغان
ھەممىتىڭمۇ؟ نېمىشقا دوستۇڭ بىلەن بارمىدىڭ؟ ــ دېدى.
18 ھۇشاي ئابشالومغا: ياق، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار ۋە
بۇ خەلق ھەمدە ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى كىمنى تاللىسا، مەن
ئۇنىڭغا تەۋە بولاي ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىمەن. 19 شۇنىڭدىن باشقا
كىمنىڭ خىزمىتىدە بولاي؟ ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قېشىدا خىزمەت
قىلمامدىم؟ سېنىڭ ئاتاڭنىڭ قېشىدا خىزمەت قىلغاندەك، ئەمدى
سېنىڭ قېشىڭدا خىزمەت قىلاي، ــ دېدى.
20 ئاندىن ئابشالوم ئاھىتوفەلگە: مەسلىھەتلىشىپ يول كۆرسىتىڭلار؛
قانداق قىلساق بولار؟ ــ دېدى.
21 ئاھىتوفەل ئابشالومغا: ئاتاڭنىڭ ئوردىسىغا قارىغىلى قويغان

كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە ياتقىن؛ شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىل
سىنىڭ ئۆزۈڭنى ئاتاڭغا نەپرەتلىك قىلغانلىقىڭنى ئاڭلايدۇ؛ شۇنداق
قىلىپ ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ قوللىرى كۈچلەندۈرۈلىدۇ، دېدى.
22 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئابشالوم ئۈچۈن ئوردىنىڭ ئۆگزىسىدە بىر
چېدىر تىكتى؛ ئابشالوم ھەممە ئىسرائىلنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ئۆز
ئاتىسىنىڭ كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە بولدى.
23 ئۇ كۈنلەردە ئاھىتوفەلنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى خۇددى كىشى
خۇدادىن سوراپ ئېرىشكەن سۆز-كالامدەك ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ
داۋۇتقا ۋە ئابشالومغا بەرگەن ھەممە مەسلىھەتىمۇ ھەم شۇنداق
قارىلاتتى.

## ئاھىتوفەلنىڭ مەسلىھەتى بىكار قىلىنىدۇ

17 1 ئاھىتوفەل ئابشالومغا: ماڭا ئون ئىككى مىڭ ئادەمنى
تاللىۋېلىشقا رۇخسەت بەرسەڭ، مەن بۈگۈن كېچە قوزغىلىپ،
داۋۇتنى قوغلاي؛ 2 مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكىنىمدە ئۇ ھېرىپ،
قوللىرى ئاجىز بولىدۇ؛ مەن ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋېتىمەن، شۇنداقلا
ئۇنىڭ بىلەن بولغان بارلىق خەلق قاچىدۇ. مەن پەقەت پادىشاھنىلا
ئۆرۈپ ئۆلتۈرىمەن، 3 ئاندىن ھەممە خەلقنى ساڭا بېقىندۇرۇپ
قايتۇرىمەن. سەن ئىزدىگەن ئادەم يوقالسا، ھەممە خەلق سىنىڭ
قېشىڭغا قايتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ھەممە خەلق ئامان-ئېسەن قالىدۇ،
دېدى.
4 بۇ مەسلىھەت ئابشالومغا ۋە ئىسرائىلنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرىغا
ياقتى، 5 لېكىن ئابشالوم: ئاركىلىق ھۇشاينىمۇ چاقىرىڭلار؛ ئۇنىڭ
سۆزىنىمۇ ئاڭلايلى، ــ دېدى.
6 ھۇشاي ئابشالومنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئابشالوم ئۇنىڭغا:

3:17 «سەن ئىزدىگەن ئادەم يوقالسا، ھەممە خەلق سىنىڭ قېشىڭغا قايتىدۇ» ــ ئىبرانىي تىلىدا: «بارلىق ئادەمنىڭ قايتىپ كېلىشى، سەن ئىزدىگەن ئادەمنىڭ جېنىغا باراۋەردۇر»

ئاھىتوفەل مۇنداق-مۇنداق ئېيتتى؛ ئۇ دېگەندەك قىلايلىمۇ؟
بولمىسا، سەن بىر مەسلىھەت بەرگىن، ــ دېدى.
[7]ھۇشاي ئابشالومغا: ئاھىتوفەلنىڭ بۇ ۋاقىتتا بەرگەن مەسلىھەتى
ياخشى ئەمەس، ــ دېدى.
[8]ھۇشاي يەنە مۇنداق دېدى: «سەن ئاتاڭ بىلەن ئادەملىرىنى
بىلىسەنغۇ ــ ئۇلار پالۋانلاردۇر، ھازىر دالادىكى بالىلىرىدىن جۇدا
قىلىنغان چىشى ئېيىقتەك پەيلى يامان. ئاتاڭ بولسا ھەقىقىي
جەڭچىدۇر، ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىرگە قونمايدۇ. [9]مانا ئۇ ھازىر بىر
غاردا يا باشقا بىر يەردە مۆكۈنۈۋالغان بولسا كېرەك. مۇبادا ئۇ ئاۋۋال
خەلقىمىز ئۈستىگە چۈشسە شۇنى ئاڭلىغان ھەركىم: ئابشالومغا
ئەگەشكەنلەر قىرغىنچىلىققا ئۇچراپتۇ، ــ دەيدۇ. [10]ئۇ ۋاقىتتا ھەتتا
شىر يۈرەك پالۋانلارنىڭ يۈرەكلىرىمۇ سۇ بولۇپ كېتىدۇ؛ چۈنكى
پۈتكۈل ئىسرائىل ئاتاڭنىڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا
ئەگەشكەنلەرنىڭمۇ پالۋان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. [11]شۇڭا مەسلىھەتىم
شۇكى، پۈتكۈل ئىسرائىل داندىن تارتىپ بەئەر-شېباغىچە سېنىڭ
قېشىڭغا تېز يىغىلسۇن (ئۇلار دېڭىزدىكى قۇملاردەك كۆپتۇر!). سەن
ئۆزۈڭ ئۇلارنى باشلاپ جەڭگە چىققىن. [12]بىز ئۇنى قەيەردە تاپساق،
شەبنەم يەرگە چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشەيلى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان كىشىلەردىن ھېچ كىممۇ قالمايدۇ.
[13]ئەگەر ئۇ بىر شەھەرگە كىرىۋالسىمۇ، پۈتكۈل ئىسرائىل شۇ يەرگە
ئارغامچىلارنى ئېلىپ كېلىپ، شەھەرنى ھەتتا ئۇنىڭدىكى كىچىك
شېغىل-تاشلارنىمۇ قالدۇرماي سۆرەپ ئەكىلىپ، دەريا جىلغىسىغا
تاشلىۋېتىمىز».
[14]ئابشالوم بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى: ئاركىلىق
ھۇشاينىڭ مەسلىھەتى ئاھىتوفەلنىڭ مەسلىھەتىدىن ياخشى
ئىكەن، دېيىشتى. چۈنكى پەرۋەردىگار ئابشالومنىڭ بېشىغا

---

9:17 **«مۇبادا ئۇ ئاۋۋال خەلقىمىز ئۈستىگە چۈشسە...»** ــ ياكى «دەسلەپتە خەلق(ىمىز)دىن نەچچىسى يىقىلىپ ئۆلتۈرۈلسە،...»

بالا كەلسۇن دەپ، ئاھىتوفەلنىڭ ياخشى مەسلىھەتىنىڭ بىكار قىلىنىشىنى بېكىتكەنىدى.
[15] ھۇشاي زادوك بىلەن ئابىياتار كاھىنلارغا: ئاھىتوفەلنىڭ ئابشالوم بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىغا بەرگەن مەسلىھەتى مۇنداق-مۇنداق، ئەمما مېنىڭ مەسلىھەتىم بولسا مۇنداق-مۇنداق؛ [16] ھازىر سىلەر دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ داۋۇتقا: بۇ كېچىدە چۆلنىڭ كېچىكلىرىدە قونماي، بەلكى تېز ئۆتۈپ كېتىڭلار، بولمىسا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە خەلق ھالاك بولۇشى مۇمكىن، دەپ يەتكۈزۈڭلار ــ دېدى.
[17] ئۇ ۋاقىتتا يوناتان بىلەن ئاخىمائاز ئەن-روگەلدە كۈتۈپ تۇراتتى؛ ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن شەھەرگە كىرمىدى؛ بىر دېدەكنىڭ چىقىپ ئۇلارغا خەۋەر بېرىشى بېكىتىلدى. ئۇلار بېرىپ داۋۇت پادىشاھقا خەۋەرنى يەتكۈزدى.
[18] لېكىن بىر ياش يىگىت ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، ئابشالومغا دەپ قويدى. ئەمما بۇ ئىككىيلەن ئىتتىك بېرىپ، باھۇرىمدىكى بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇ ئادەمنىڭ ھويلىسىدا قۇدۇق بار ئىدى؛ ئۇلار شۇنىڭغا چۈشۈپ يوشۇرۇندى. [19] ئۇنىڭ ئايالى قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا ياپقۇچىنى يېپىپ ئۈستىگە سوقۇلغان بۇغداينى تۆكۈپ قويدى؛ شۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىش ئاشكارىلانمىدى.
[20] ئابشالومنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۆيىگە كىرىپ ئايالنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئاخىمائاز بىلەن يوناتان قەيەردە؟ ــ دەپ سورىدى. ئايال: ئۇلار ئېرىقتىن ئۆتۈپ كەتتى، دېدى. كەلگەنلەر ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالماي، يېرۇسالېمغا قايتىپ كەتتى.
[21] ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەن قۇدۇقتىن چىقىپ، بېرىپ داۋۇت پادىشاھقا خەۋەر بەردى. ئۇلار داۋۇتقا: قوپۇپ، سۇدىن ئۆتكىن؛ چۈنكى ئاھىتوفەل سىنى تۇتۇش ئۈچۈن شۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ، ــ دېدى.
[22] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان بارلىق خەلق قوزغىلىپ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتتى؛ تاڭ ئاتقۇچە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتمىگەن ھېچكىم قالمىدى.

23 ئاھىتوفەل ئۆز مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ
ئېشىكىنى توقۇپ، ئۆز شەھىرىدىكى ئۆيىگە بېرىپ، ئۆيىدىكىلەرگە
ۋەسىيەت تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. ئۇ ئۆز
ئاتىسىنىڭ قەبرىسىدە دەپنە قىلىندى.
24 شۇ ئارىلىقتا داۋۇت ماھانائىمغا يېتىپ كەلگەنىدى، ئابشالوم ۋە
ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرىمۇ ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولغانىدى.
25 ئابشالوم يوئابنىڭ ئورنىدا ئاماسانى قوشۇنىنىڭ ئۈستىگە سەردار
قىلىپ قويدى. ئاماسا بولسا يىترا ئىسىملىك بىر ئىسرائىللىق
كىشىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ كىشى ناھاشنىڭ قىزى ئابىگائىل بىلەن
يېقىنچىلىق قىلغانىدى. ناھاش يوئابنىڭ ئانىسى زەرۇئىيا بىلەن
ئاچا-سىڭىل ئىدى.
26 ئىسرائىل بىلەن ئابشالوم گىلېئادنىڭ زېمىنىدا بارگاھ تىكتى.
27 داۋۇت ماھانائىمغا يېتىپ كەلگەندە، ئاممونىيلارنىڭ رابباھ
شەھىرىدىن بولغان ناھاشنىڭ ئوغلى شوبى بىلەن لو-دىبارلىق
ئاممىئەلنىڭ ئوغلى ماكىر ۋە روگېلىمدىن بولغان گىلېئادلىق
بارزىللاي دېگەنلەر 28 يوتقان-كۆرپە، داس، قاچا-قۇچا، بۇغداي، ئارپا،
ئۇن، قوماچ، پۇرچاق، قىزىل ماش، قورۇغان پۇرچاقلار، 29 ھەسەل،
قايماق ۋە قويلارنى كەلتۈرۈپ، كالا سۈتىدە قىلىنغان قۇرۇت-ئىرىمچىك
قاتارلىقلارنى داۋۇت بىلەن خەلققە يېيىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدى،
چۈنكى ئۇلار: شۇبھىسىزكى، خەلق چۆلدە ھېرىپ-ئېچىپ، ئۇسساپ
كەتكەندۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

## ئابشالومنىڭ ئۆلۈشى

18 1 داۋۇت ئۆزى بىلەن بولغان خەلقنى يىغىپ ئېبدىتلىدى ۋە
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىڭبېشى بىلەن يۈزبېشى قويدى. 2 ئاندىن

27:17 2سام. 19:31، 32؛ 1پاد. 2:7

داۋۇت خەلقنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ جەڭگە چىقاردى؛ بىرىنچى بۆلەكنى
يوئابنىڭ قول ئاستىدا، ئىككىنچى بۆلەكنى زەرۇئىيانىڭ ئوغلى،
يوئابنىڭ ئىنىسى ئابىشاينىڭ قول ئاستىدا ۋە ئۈچىنچى بۆلەكنى
گاتلىق ئىتتاينىڭ قول ئاستىدا قويدى. پادىشاھ خەلققە: بەرھەق،
مەنمۇ سىلەر بىلەن جەڭگە چىقىمەن، دېدى.
3 لېكىن خەلق: سىلى چىقمىسىلا، ئەگەر بىز قاچساق دۈشمەن بىزگە
پەرۋا قىلمايدۇ؛ ھەتتا يېرىمىمىز ئۆلۈپ كەتسەكمۇ بىزگە پەرۋا
قىلمايدۇ. چۈنكى ئۆزلىرى بىزنىڭ ئون مىڭىمىزگە باراۋەر بولىلا.
ياخشىسى سىلى شەھەردە تۇرۇپ بىزگە ھەمدەم بولۇشقا تەييار
تۇرغايلا، دېدى.
4 پادىشاھ ئۇلارغا: سىلەرگە نېمە لايىق كۆرۈنسە، شۇنى قىلىمەن، ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن خەلق يۈزدىن، مىڭدىن بولۇپ شەھەردىن چىقىۋاتقاندا،
پادىشاھ دەرۋازىنىڭ يېنىدا تۇردى. 5 پادىشاھ يوئاب بىلەن ئابىشاي ۋە
ئىتتايغا: مەن ئۈچۈن ئابشالومغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ ئاياڭلار،
دېدى. پادىشاھنىڭ ھەممە سەردارلىرىغا ئابشالوم توغرىسىدا شۇنداق
تاپىلىغىنىدا، بارلىق خەلق تاپىلىغىنىنى ئاڭلىدى. 6 ئاندىن خەلق
ئىسرائىل بىلەن سوقۇشقىلى مەيدانغا چىقتى؛ سوقۇش ئەفرائىمنىڭ
ئورمانلىقىدا بولدى.
7 ئۇ يەردە ئىسرائىل داۋۇتنىڭ ئادەملىرىدىن مەغلۇپ بولدى. ئۇ كۈنى
ئۇلار قاتتىق قىرغىن قىلىندى ــ يىگىرمە مىڭى ئۆلدى. 8 سوقۇش شۇ
زېمىنغا يېيىلدى؛ ئورمانلىق يەۋەتكەنلەر قىلىچتا ئۆلگەنلەردىن
كۆپ بولدى.

9 ئابشالوم داۋۇتنىڭ غۇلاملىرى بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ
قالدى؛ ئابشالوم ئۆز قېچىرىغا مىنىپ، چوڭ دۇب دەرىخىنىڭ قويۇق
شاخلىرىنىڭ تېگىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ بېشى دەرەخ شېخىغا
كەپلىشىپ قېلىپ، ئۇ ئېسىلىپ قالدى؛ ئۇ مىنگەن قېچىر بولسا

**ئالدىغا كېتىپ قالدى.**
10 **بىرسى بۇنى كۆرۈپ يوئابقا خەۋەر بېرىپ: مانا، مەن ئابشالومنىڭ بىر دۇب دەرىخىدە ساڭگىلاپ تۇرغىنىنى كۆردۇم، دېدى.**
11 **يوئاب خەۋەر بەرگەن ئادەمگە: نېمە! سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ يەرگە چۈشۈرمىدىڭ؟ شۇنداق قىلغان بولساڭ، ساڭا ئون كۈمۈش تەڭگە ۋە بىر كەمەر بېرەتتىم، ــ دېدى.**
12 **ئۇ ئادەم يوئابقا: قولۇمغا مىڭ كۈمۈش تەڭگە تەگسىمۇ، قولۇمنى پادىشاھنىڭ ئوغلىغا ئۇزاتمايتتىم! چۈنكى پادىشاھنىڭ ھەممىمىز ئالدىدا ساڭا، ئابىشايغا ۋە ئىتتايغا: مېنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىڭلار ئابشالومنى ئاياڭلار، دەپ بۇيرۇغىنىنى ئاڭلىدۇق.**
13 **ئەگەر مەن ئۆز جېنىمنى تەۋەككۈل قىلىپ، شۇنداق قىلغان بولسام (ھەرقانداق ئىش پادىشاھتىن يوشۇرۇن قالمايدۇ!) سەن مېنى تاشلاپ، دۈشمىنىڭ قاتارىدا كۆرەتتىڭ، ــ دېدى.**
14 **يوئاب: سېنىڭ بىلەن بۇنداق دېيىشىشكە چولام يوق! ــ دېدى-دە، قولىغا ئۈچ نەيزىنى ئېلىپ دەرەختە ساڭگىلاقلىق ھالدا تىرىك تۇرغان ئابشالومنىڭ يۈرىكىگە سانجىدى.**
15 **ئاندىن يوئابنىڭ ياراغ كۆتۈرگۈچىسى بولغان ئون غۇلام ئابشالومنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.**
16 **ئاندىن يوئاب كاناي چالدى؛ خەلق ئىسرائىلنى قوغلاشتىن ياندى؛ چۈنكى يوئاب قوشۇننى چېكىنىشكە چاقىردى.**
17 **ئۇلار ئابشالومنى ئورمانلىقتىكى چوڭ بىر ئازگالغا تاشلاپ ئۈستىگە نۇرغۇن تاشلارنى دۆۋىلەپ قويدى. ئىسرائىللار بولسا قېچىپ ھەربىرى ئۆز ماكانىغا كەتتى.**

---

9:18 **«ئۇنىڭ بېشى ... كەپلىشىپ قېلىپ، ئۇ ئېسىلىپ قالدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «ئۇنىڭ بېشى ... كەپلىشىپ قېلىپ، ئۇ ئاسمان-زېمىن ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ قالدى».

14:18 **«دەرەختە ساڭگىلاقلىق ھالدا تىرىك تۇرغان ئابشالومنىڭ يۈرىكىگە سانجىدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «دەرەخنىڭ يۈرىكىدە ساڭگىلاقلىق تىرىك تۇرغان ئابشالومنىڭ يۈرىكىگە سانجىدى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

17:18 **«ئىسرائىللار بولسا قېچىپ ھەربىرى ئۆز ماكانىغا كەتتى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا:

18 ئابشالوم تىرىك ۋاقتىدا پادىشاھ ۋادىسىدا ئۆزىگە بىر ئابىدە تۇرغۇزغانىدى. چۈنكى ئۇ: مېنىڭ نامىمنى قالدۇرىدىغانغا ئوغلۇم يوق دەپ، ئۇ تاش ئابىدىنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تاش بۈگۈنگە قەدەر «ئابشالومنىڭ يادىكارى» دەپ ئاتىلىدۇ.

## داۋۇت ئابشالومنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپىدۇ

19 زادوكنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز يوئابقا: پەرۋەردىگار سېنى دۈشمەنلىرىڭدىن قۇتقۇزۇپ سەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى، دەپ پادىشاھقا خەۋەر بېرىشكە مېنى دەرھال ماڭغۇزغىن، ــ دېدى.
20 لېكىن يوئاب ئۇنىڭغا: سەن بۈگۈن خەۋەر بەرمەيسەن، بەلكى باشقا بىر كۈنى خەۋەر بېرىسەن؛ پادىشاھنىڭ ئوغلى ئۆلگىنى تۈپەيلىدىن، بۈگۈن خەۋەر بەرمەيسەن، دېدى.
21 شۇنىڭ بىلەن يوئاب كۇشىيغا: بېرىپ پادىشاھقا كۆرگىنىڭنى دەپ بەرگىن، دېدى. كۇشىي يوئابقا تەزىم قىلىپ يۈگۈرۈپ كەتتى.
22 لېكىن زادوكنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز يوئابقا يەنە: قانداقلا بولمىسۇن بۇ كۇشىينىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشكە ماڭا ئىجازەت بەرگىن، ــ دېدى. يوئاب: ئى ئوغلۇم، ساڭا ھېچقانداق سۆيۈنچە بەرگۈدەك خەۋەر بولمىسا، نېمىشقا يۈگۈرۈشنى خالايسەن؟ ــ دېدى.
23 ئۇ يەنە: قانداقلا بولمىسۇن، مېنى يۈگۈرگۈزگىن، دېدى. يوئاب ئۇنىڭغا: ماڭ، يۈگۈر، دېۋىدى، ئاخىمائاز ئىئوردان دەرياسىدىكى تۈزلەڭلىك بىلەن يۈگۈرۈپ كۇشىيگە يېتىشىپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى.
24 داۋۇت ئىچكى-تاشقى دەرۋازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. كۆزەتچى

---

«ئىسرائىللار بولسا قېچىپ ھەربىرى ئۆز چېدىرىغا كەتتى».
18:18 **«مېنىڭ نامىمنى قالدۇرىدىغانغا ئوغلۇم يوق...»** ــ ئابشالومنىڭ بۇ سۆزىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى (27:14) ھەممىسى بالدۇر ئۆلگەنىدى.
21:18 **«شۇنىڭ بىلەن يوئاب كۇشىيغا... دېدى»** ــ «كۇشىي»: ھەبەش، ئېفىئوپىيەلىك. ئېفىئوپىيەلىكلەرنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ئۆزۈنىغا يۈگۈرۈشتە داڭقى بار.

**دەرۋازىنىڭ ئۈگزىسىدىن سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بېشىنى
كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، مانا بىر ئادەمنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى.
25 كۆزەتچى ۋارقىراپ پادىشاھقا خەۋەر بەردى. پادىشاھ: ئەگەر ئۇ يالغۇز
بولسا ئۇنىڭدا چوقۇم خەۋەر بار، دېدى. خەۋەرچى بولسا يېقىنلىشىپ
كېلىۋاتاتتى. 26 ئاندىن كۆزەتچى يەنە بىر ئادەمنىڭ يۈگۈرۈپ
كەلگىنىنى كۆردى. كۆزەتچى دەرۋازىۋەنگە: مانا يەنە بىر ئادەم يالغۇز
يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى. پادىشاھ: بۇمۇ خەۋەرچى ئىكەن، دېدى.
27 كۆزەتچى: ئاۋۋالقىسىنىڭ يۈگۈرۈشى ماڭا زادوكنىڭ ئوغلى
ئاخىمائازنىڭ يۈگۈرۈشىدەك كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى. پادىشاھ: ئۇ ياخشى
ئادەم، خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ، ــ دېدى.
28 ئاخىمائاز پادىشاھقا توۋلاپ: سالام! دەپ پادىشاھقا يۈزىنى يەرگە
تەگكۈزۈپ تەزىم قىلىپ: غوجام پادىشاھقا زىيان يەتكۈزۈشكە
قوللىرىنى كۆتۈرگەن ئادەملەرنى مەغلۇبىيەتكە مۇپتىلا قىلغان
پەرۋەردىگار خۇدالىرى مۇبارەكتۇر! ــ دېدى.
29 پادىشاھ: ئابشالوم سالامەتمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئاخىمائاز جاۋاب
بېرىپ: يوئاب پادىشاھنىڭ قۇلى ۋە پېقىرلىرىنى ماڭدۇرغاندا، پېقىر
كىشىلەرنىڭ چوڭ قالايمىقانچىلىقىنى كۆردۈم، لېكىن نېمە ئىش
بولغانلىقىنى بىلمىدىم، ــ دېدى.
30 پادىشاھ: بولدى، بۇياقتا تۇرۇپ تۇرغىن، دېدى. ئۇ بىر تەرەپكە بېرىپ
تۇردى.
31 ۋە مانا، كۇشىي يېتىپ كەلدى؛ كۇشىي: غوجام پادىشاھ خۇش
خەۋەرنى ئاڭلىغايلا. پەرۋەردىگار بۈگۈن ئاسىيلىق قىلىپ قوزغالغان
ھەممىسىدىن سىلىنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالدى، دېدى.
32 پادىشاھ كۇشىيغا: يىگىت ئابشالوم سالامەتمۇ؟ دەپ سورىدى.**

---

24:18 **«داۋۇت ئىچكى-تاشقى دەرۋازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «داۋۇت ئىككى دەرۋازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى». پەرزىمىزچە «بۇ ئىككى دەرۋازا» شەھەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قوۋۇقى بولسا كېرەك.

28:18 **«سالام!»** ــ (ئىبرانىي تىلىدا «شالوم»)نىڭ مەنىسى: «تىنچلىق! خاتىرجەملىك!».

كۈشىيلىق: غوجام پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە سىلىنى قەستلەشكە
قوزغالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يىگىتكە ئوخشاش بولسۇن! ــ دېدى.
[33] پادىشاھ تولىمۇ ئازابلىنىپ، دەرۋازىنىڭ تۆپىسىدىكى بالىخانىغا
يىغلىغان پېتى چىقتى؛ ئۇ ماڭغاچ: ئى ئوغلۇم ئابشالوم! ئى ئوغلۇم،
ئوغلۇم ئابشالوم! كاشكى، مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا ئۆلسەم بولماسمىدى!
ئى ئابشالوم، مېنىڭ ئوغلۇم، مېنىڭ ئوغلۇم! دېدى.

19 [1] بىرسى يوئابقا: پادىشاھ ئابشالوم ئۈچۈن يىغلاپ ماتەم
تۇتماقتا، دەپ خەۋەر بەردى. [2] شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈندىكى
نۇسرەت خەلق ئۈچۈن مۇسىبەتكە ئايلاندى؛ چۈنكى خەلق شۇ
كۈندە: پادىشاھ ئۆز ئوغلى ئۈچۈن قايغۇ-ھەسرەت تارتىۋاتىدۇ،
دەپ ئاڭلىدى. [3] ئۇ كۈنى خەلق سوقۇشتىن قېچىپ خىجالەتتە قالغان
ئادەملەردەك، ئوغرىلىقچە شەھەرگە كىردى. [4] پادىشاھ يۈزىنى يېپىپ:
ئى، ئوغلۇم ئابشالوم، ئى ئابشالوم، مېنىڭ ئوغلۇم، مېنىڭ ئوغلۇم! ــ
دەپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن پەرياد كۆتۈردى.
[5] لېكىن يوئاب پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ قېشىغا
كېلىپ: ئۆز جېنىڭنى، ئوغۇللىرىڭ بىلەن قىزلىرىڭنىڭ جېنىنى،
ئاياللىرىڭنىڭ جېنى بىلەن كېنىزەكلىرىڭنىڭ جېنىنى قۇتقۇزغان
ھەممە خىزمەتكارلارنىڭ يۈزىنى سەن بۈگۈن خىجالەتتە قالدۇردۇڭ!
[6] سەن ئۆزۈڭگە نەپرەتلىنىدىغانلارنى سۆيىسەن، سېنى سۆيىدىغانلارغا
نەپرەتلىنىدىغاندەك قىلىسەن! چۈنكى سەن بۈگۈن سەردارلىرىڭنى
ياكى خىزمەتكارلىرىڭنى نەزىرىڭدە ھېچنەرسە ئەمەس دېگەندەك
قىلدىڭ! چۈنكى بۈگۈن ئابشالوم تىرىك قېلىپ، بىز ھەممىمىز
ئۆلگەن بولساق، نەزىرىڭدە ياخشى بولاتتىكەن، دەپ بىلىپ يەتتىم.
[7] ئەمدى چىقىپ خىزمەتكارلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بەرگىن؛
چۈنكى مەن پەرۋەردىگار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر چىقمىساڭ،
بۈگۈن كېچە ھېچ ئادەم سېنىڭ بىلەن قالمايدۇ. بۇ بالا ياشلىقىڭدىن

تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۈستۈڭگە چۈشكەن ھەرقانداق بالادىن
ئېغىر بولىدۇ، ــ دېدى.
[8] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ چىقىپ دەرۋازىدا ئولتۇردى، ھەممە خەلققە:
مانا، پادىشاھ دەرۋازىدا ئولتۇرىدۇ، دېگەن خەۋەر يەتكۈزۈلگەندە،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەمما ئىسرائىللار
بولسا ھەممىسى قېچىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.
[9] ئەمدى ئىسرائىل قەبىلىسىدىكى ھەممە خەلق غۇلغۇلا قىلىشىپ:
پادىشاھ بىزنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىدىن ئازاد قىلغان، بىزنى
فىلىستىيلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغانىدى. ئەمما، ئۇ ھازىر ئابشالوم
تۈپەيلىدىن زېمىندىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ. [10] لېكىن بىز ئۈستىمىزگە
پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلغان ئابشالوم بولسا جەڭدە ئۆلدى. ئەمدى
نېمىشقا پادىشاھنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە گەپ قىلمايسىلەر؟
دېيىشتى.
[11] داۋۇت پادىشاھ زادوك بىلەن ئابىياتار كاھىنلارغا ئادەم ئەۋەتىپ:
سىلەر يەھۇدانىڭ ئاقساقاللىرىغا: پادىشاھ مۇنداق دەيدۇ: ــ
ھەممە ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھنى ئوردىسىغا قايتۇرۇپ كېلەيلى،
دېيىشكەن تەلپلىرىنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن
يەردە، نېمىشقا سىلەر بۇ ئىشتا ئۇلاردىن كېيىن قالىسىلەر؟ [12] سىلەر
مېنىڭ قېرىنداشلىرىم، مېنىڭ ئەت-ئۇستىخانلىرىم تۇرۇپ، نېمىشقا
پادىشاھنى ئېلىپ كېلىشتە ھەممىسىدىن كېيىن قالىسىلەر؟! ــ
دەڭلار. [13] ۋە شۇنداقلا يەنە ئاماساغىمۇ: پادىشاھ مۇنداق دەيدۇ: ــ سەن
مېنىڭ ئەت-ئۇستىخانلىرىم ئەمەسمۇسەن؟ ئەگەر سېنى يوئابنىڭ
ئورنىدا مېنىڭ قېشىمدا دائىم تۇرىدىغان قوشۇننىڭ سەردارى

8:19 **«...ھەممىسى قېچىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «... ھەممىسى قېچىپ، ئۆز چېدىرىغا قايتىپ كەتتى». مۇشۇ ئايەتتىكى «ئىسرائىللار» ئابشالومغا ئەگەشكەن ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە (ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدا ۋە بىنيامىندىن باشقا ئون قەبىلىدىن ئىدى).

10:19 **«...نېمىشقا پادىشاھنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە گەپ قىلمايسىلەر؟»** ــ ئىبرانىي تىلدا «نېمىشقا پادىشاھنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە سۈكۈت قىلىسىلەر؟».

**قىلمىسام، خۇدا مېنى ئۇرسۇن ھەم ئۇنىڭدىن ئارتۇق جازالىسۇن ــ
دەڭلار، ــ دېدى.
[14] بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەھۇدادىكى ئادەملەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى بىر
ئادەمنىڭ كۆڭلىدەك ئۆزىگە مايىل قىلدى. ئۇلار پادىشاھقا ئادەم
ماڭدۇرۇپ: سەن ئۆزۈڭ بىلەن ھەممە خىزمەتكارلىرىڭ بىرگە يېنىپ
كېلىڭلار، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يېنىپ ئىئوردان دەرياسىغىچە كەلدى.
يەھۇدادىكى ئادەملەر پادىشاھنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزىمىز
دەپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا گىلگالغا بارغانىدى. [16] باھۇرىمدىن چىققان
بىنيامىنلىق گېرانىڭ ئوغلى شىمەي ئالدىراپ كېلىپ، يەھۇدادىكى
ئادەملەر بىلەن چۈشۈپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقتى.
[17] شىمەيگە بىنيامىن قەبىلىسىدىن مىڭ ئادەم ئەگەشتى؛ ئۇلار
بىلەن سائۇلنىڭ جەمەتىدە خىزمەتكار بولغان زىبا، ئۇنىڭ ئون
بەش ئوغلى ۋە يىگىرمە خىزمەتكارىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلدى؛
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ پادىشاھنىڭ
ئالدىغا چىقتى.
[18] بىر كېمە پادىشاھنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلۇپ، ئائىلە
تاۋابىئاتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇيان-بۇيان ئۆتۈپ يۈرەتتى.
پادىشاھ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكەندە، گېرانىڭ ئوغلى شىمەي
كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ تۇرۇپ [19] پادىشاھقا: غوجام
قۇللىرىغا قەبىھلىك سانىمىغايلا؛ غوجام پادىشاھ يېرۇسالېمدىن
چىققان كۈندە قۇللىرىنىڭ قىلغان قەبىھلىكىنى ئەسلىرىگە
كەلتۈرمىگەيلا؛ ئۇ پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن. [20] چۈنكى**

---

**13:19** 2سام. 25:17

**16:19** 2سام. 5:16؛ 1پاد. 8:2

18:19 **«بىر كېمە پادىشاھنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلۇپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ... ئۆتۈپ يۈرەتتى»** ــ بەزىلەر: «ئۇلار ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ، دەريا كېچىكدە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ... ئۆتۈپ يۈرەتتى» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

قۇللىرى ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغىنىمنى ئوبدان بىلىدۇ؛ شۇڭا
مانا، مەن يۈسۈپنىڭ جەمەتىدىن ھەممىدىن ئاۋۋال بۇگۈن غوجام
پادىشاھنى قارشى ئېلىشقا چىقتىممەن، ــ دېدى.
[21] زەرۇئىيانىڭ ئوغلى ئابىشاي بۇنى ئاڭلاپ: شىمەي پەرۋەردىگارنىڭ
مەسىھ قىلغىنىنى قارغىغان تۇرسا، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىش لازىم
بولمامدۇ؟ ــ دېدى.
[22] لېكىن داۋۇت: ئى زەرۇئىيانىڭ ئوغۇللىرى، سىلەرنىڭ مېنىڭ بىلەن
نېمە كارىڭلار؟ بۇگۈن سىلەر ماڭا قارشى چىقماقچىمۇسىلەر؟ بۇگۈنكى
كۈندە ئىسرائىلدا ئادەملەر ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشى كېرەكمۇ؟
بۇگۈن ئىسرائىلغا پادىشاھ ئىكەنلىكىمنى بىلمەيمەنمۇ؟ ــ دېدى.
[23] ئاندىن پادىشاھ شىمەيگە: سەن ئۆلمەيسەن، ــ دېدى. پادىشاھ
ئۇنىڭغا قەسەم قىلدى.
[24] ئەمدى سائۇلنىڭ نەۋرىسى مەفىبوشەت پادىشاھنى قارشى ئالغىلى
كەلدى. پادىشاھ كەتكەن كۈندىن تارتىپ ساق-سالامەت قايتىپ
كەلگەن كۈنگىچە، ئۇ يا پۇتلىرىنىڭ تىرنىقىنى ئالمىغان يا ساقىلىنى
ياسىمىغان ۋە ياكى كىيىملىرىنى يۇمىغانىدى. [25] ئۇ پادىشاھنى
قارشى ئالغىلى يېرۇسالېمدىن كەلگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭدىن: ئى
مەفىبوشەت، نېمىشقا مېنىڭ بىلەن بارمىدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.
[26] ئۇ: ئى، غوجام پادىشاھ، قۇللىرى ئاقساق بولغاچقا، ئېشىكىمنى
توقۇپ، مىنىپ پادىشاھ بىلەن بىللە باراي، دېدىم. ئەمما
خىزمەتكارىم مېنى ئالداپ قويۇپتۇ؛ [27] ئۇ يەنە غوجام پادىشاھنىڭ
ئالدىدا قۇللىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى. لېكىن غوجام پادىشاھ
خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسىدەكتۇر؛ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلىگە نېمە لايىق
كۆرۈنسە، شۇنى قىلغايلا. [28] چۈنكى ئاتامنىڭ جەمەتىنىڭ ھەممىسى

---

22:19 **«...سىلەر ماڭا قارشى چىقماقچىمۇسىلەر؟»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «سىلەر ماڭا شەيتان بولماقچىمۇسىلەر؟»

25:19 **«ئۇ ... يېرۇسالېمدىن كەلگەندە...»** ــ ياكى، «ئۇ ... يېرۇسالېمغا كەلگەندە...».

**27:19** 2سام. 3:16

غوجام پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆلگەن ئادەملەردەك ئىدى؛ لېكىن سىلى
ئۆز قۇللىرىنى ئۆزلىرى بىلەن ھەمداستىخان بولغانلار ئارىسىدا
قويدىلا؛ مېنىڭ پادىشاھنىڭ ئالدىدا پەرياد قىلغىلى نېمە ھەققىم
بار؟ ــ دېدى.
29 پادىشاھ ئۇنىڭغا: نېمىشقا ئىشلىرىڭ توغرىسىدا سۆزلەۋېرىسەن؟
مېنىڭ ھۆكۈمۈم، سەن بىلەن زىبا يەرلەرنى بۆلۈشۈۋېلىڭلار، ــ دېدى.
30 مەفىبوشەت پادىشاھقا: غوجام پادىشاھ ئامان-ئېسەن ئۆز ئۆيىگە
كەلگەندىن كېيىن، زىبا ھەممىسىنى ئالسىمۇ رازىمەن! ــ دېدى.
31 گىلېئادلىق بارزىللايمۇ روگېلىمدىن چۈشۈپ پادىشاھنى ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا كېلىپ، پادىشاھ بىلەن بىللە
ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتتى. 32 ئەمدى بارزىللاي خېلى ياشانغان بىر
ئادەم بولۇپ، سەكسەن ياشقا كىرگەنىدى. پادىشاھ ماھانائىمدا تۇرغان
ۋاقىتتا، ئۇنى قامدىغان دەل مۇشۇ ئادەم ئىدى؛ چۈنكى ئۇ خېلى كاتتا
بىر كىشى ئىدى. 33 پادىشاھ بارزىللايغا: مېنىڭ بىلەن بارغىن، مەن
سەندىن يېرۇسالېمدا ئۆزۈمنىڭكىدە خەۋەر ئالىمەن، دېدى.
34 لېكىن بارزىللاي پادىشاھقا: مېنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك ئۆمرۈم
قالغاندۇ، پادىشاھ بىلەن بىرگە يېرۇسالېمغا بارامدىم؟ 35 قۇللىرى
سەكسەن ياشقا كىردىم. ياخشى-يامانىنى يەنە پەرق ئېتەلەيمەنمۇ؟
يەپ-ئىچكىنىمنىڭ تەمىنى تېتالامدىم؟ يىگىت نەغمىچىلەر بىلەن
قىز نەغمىچىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالامدىم؟ نېمىشقا قۇللىرى
غوجام پادىشاغا يەنە يۈك بولىمەن؟ 36 قۇللىرى پەقەت پادىشاھنى
ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئازراق ئۇزىتىپ قوياي دېگەن؛
پادىشاھ بۇنىڭ ئۈچۈن نېمىشقا ماڭا شۇنچە شاپائەت كۆرسىتىدىلا؟

28:19 **«...ئاتامنىڭ جەمەتىنىڭ ھەممىسى غوجام پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆلگەن ئادەملەردەك ئىدى»** ــ مەنىسى بەلكىم، «بىز ھەممىمىز ئەسلىدە سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشقا لايىق ئىدۇق».

**32:19** 2سام. 17:27-29؛ 1پاد. 7:2

34:19 **«مېنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك ئۆمرۈم قالغاندۇ؟»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى يىللارنىڭ كۈنلىرى قانچىدۇ؟» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

37 قۇللىرىنىڭ ئۆلگەندە ئۆز شەھىرىمدە، ئاتام بىلەن ئانامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا يېتىشىم ئۈچۈن قايتىپ كېتىشىمگە ئىجازەت بەرگەيلا. ئەمدى مانا، بۇ يەردە ئۆز قۇللىرى كىمھام بار ئەمەسمۇ؟ ئۇ غوجام پادىشاھ بىلەن ئۆتۈپ بارسۇن، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىگە نېمە لايىق كۆرۈنسە شۇنى قىلغايلا، ــ دېدى.

38 پادىشاھ: كىمھام مېنىڭ بىلەن ئۆتۈپ بارسۇن؛ ساڭا نېمە لايىق كۆرۈنسە ئۇنىڭغا شۇنى قىلاي، شۇنداقلا سەن مەندىن ھەر نېمە سورىساڭ، ساڭا قىلىمەن، ــ دېدى.

39 ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتتى، پادىشاھمۇ ئۆتتى. ئاندىن پادىشاھ بارزىللاينى سۆيۈپ ئۇنىڭغا بەخت تىلىدى؛ بارزىللاي ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەتتى.

40 پادىشاھ گىلگالغا چىقتى، كىمھام ئۇنىڭ بىلەن باردى. يەھۇدادىكى بارلىق ئادەملەر بىلەن ئىسرائىلنىڭ خەلقىنىڭ يېرىمى پادىشاھنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ ئۇزىتىپ قويغانىدى. 41 ئاندىن مانا، ئىسرائىلنىڭ بارلىق ئادەملىرى پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: نېمىشقا قېرىنداشلىرىمىز يەھۇدانىڭ ئادەملىرى ئوغرىلىقچە پادىشاھنى ۋە پادىشاھنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى، شۇنداقلا داۋۇتقا ئەگەشكەن ھەممە ئادەملەرنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ؟ ــ دېدى.

42 يەھۇدانىڭ ھەممە ئادەملىرى ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىگە جاۋاپ بېرىپ: چۈنكى پادىشاھ بىلەن بىزنىڭ تۇغقانچىلىقىمىز بار، نېمىشقا بۇ ئىش ئۈچۈن بىزدىن خاپا بولىسىلەر؟ بىز پادىشاھنىڭكىدىن بىر نېمىنى يىدۇقمۇ، ياكى ئۇ بىزگە بىر ئىنئام بەردىمۇ؟ ــ دېدى.

43 ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى يەھۇدانىڭ ئادەملىرىگە جاۋاب بېرىپ: قەبىلە بويىچە ئالغاندا، پادىشاھنىڭ ئون ئىككى ئۈلۈشتىن ئونى بىزگە تەۋەدۇر، سىلەرگە نىسبەتەن بىزنىڭ داۋۇت بىلەن تېخىمۇ چوڭراق بۇرادەرچىلىكىمىز بار. نېمىشقا بىزنى كۆزگە ئىلمايسىلەر؟ پادىشاھىمىزنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئاۋۋال تەشەببۇس

قىلغانلار بىز ئەمەسمىدۇق؟ ــ دېدى. ئەمما يەھۇدانىڭ ئادەملىرىنىڭ سۆزلىرى ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىنىڭ سۆزلىرىدىن تېخىمۇ قاتتىق ئىدى.

## شېبانىڭ كۆتۈرگەن ئىسيانى

20 [1] ئۇ شۇنداق بولدىكى، شۇ يەردە بىنيامىن قەبىلىسىدىن،
بىكرىنىڭ ئوغلى شېبا ئىسىملىك بىر ئىپلاس بار ئىدى. ئۇ
كاناي چېلىپ: ــ
بىزنىڭ داۋۇتتا ھېچقانداق ئورتاق نېسىۋىمىز يوق؛ يەسسەنىڭ
ئوغلىدىن ھېچقانداق مىراسىمىز يوق! ئى ئىسرائىل، ھەربىرلىرىڭلار
ئۆز ئۆيۈڭلارغا يېنىپ كېتىڭلار، ــ دېدى.
[2] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى داۋۇتتىن يېنىپ
بىكرىنىڭ ئوغلى شېباغا ئەگەشتى. لېكىن يەھۇدانىڭ ئادەملىرى
ئىئوردان دەرياسىدىن تارتىپ يېرۇسالېمغىچە ئۆز پادىشاھىغا چىڭ
باغلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى. [3] داۋۇت يېرۇسالېمغا كېلىپ ئوردىسىغا
كىردى. پادىشاھ ئوردىغا قاراشقا قويۇپ كەتكەن ئاشۇ ئون كېنىزەكنى
بىر ئۆيگە قاماپ قويدى. ئۇ ئۇلارنى باقتى، لېكىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق
قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ يەردە تۇل ئاياللاردەك ئۆلگۈچە
قامالغان پېتى تۇردى.
[4] ئاندىن پادىشاھ ئاماساغا: ئۈچ كۈن ئىچىدە يەھۇدانىڭ
ئادەملىرىنى چاقىرىپ، يىغىپ كەلگىن؛ ئۆزۈڭمۇ بۇ يەردە ھازىر
بولغىن، دېدى.

43:19 **«پادىشاھنىڭ ئون ئىككى ئۈلۈشتىن ئونى بىزگە تەۋەدۇر»** ــ دېگەن ئىبارە بەلكىم ئىسرائىلنىڭ ئون قەبىلە ئىكەنلىكىنى، يەھۇدانىڭ بىنيامىننى قوشقاندا پەقەت ئىككى قەبىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1:20 **«بىكرىنىڭ ئوغلى شېبا ئىسىملىك بىر ئىپلاس»** ــ «بىر ئىپلاس» ئىبرانىي تىلدا «شەيتان (بېلىئال)نىڭ بىر ئوغلى». **«ھەربىرلىرىڭلار ئۆز ئۆيۈڭلارغا يېنىپ كېتىڭلار»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «ھەربىرلىرىڭلار ئۆز چېدىرىغا يېنىپ كېتىڭلار».

5 شۇنىڭ بىلەن ئاماسا يەھۇدانىڭ ئادەملىرىنى چاقىرىپ
يىغقىلى باردى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشى پادىشاھ
بېكىتكەن ۋاقىتتىن كېيىن قالدى، 6 ئۇ ۋاقىتتا داۋۇت ئابىشايغا:
ئەمدى بىكرىنىڭ ئوغلى شېبا بىزگە چۈشۈرىدىغان ئاپەت
ئابشالومنىڭ چۈشۈرگىنىدىن تېخىمۇ يامان بولىدۇ. ئەمدى
غوجاڭنىڭ خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ ئۇلارنى قوغلاپ بارغىن.
بولمىسا، ئۇ مۇستەھكەم شەھەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، بىزدىن
ئۆزىنى قاچۇرۇۋشى مۇمكىن، ــ دېدى.
7 شۇنىڭ بىلەن يوئابنىڭ ئادەملىرى ۋە كەرەتىيلەر، پەلەتىيلەر،
شۇنداقلا بارلىق پالۋانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقتى؛ ئۇلار
يېرۇسالېمدىن چىقىپ، بىكرىنىڭ ئوغلى شېبانى قوغلىغىلى باردى.
8 ئۇلار گىبېئوندىكى قورام تاشقا يېقىن كەلگەندە ئاماسا ئۇلارنىڭ
ئالدىغا چىقتى. يوئاب ئۇستىبېشىغا جەڭ لىباسىنى كىيىپ، بېلىگە
غىلاپلىق بىر قىلىچنى ئاسقان كەمەر باغلىغانىدى. ئۇ ئالدىغا
مېڭىۋىدى، قىلىچ غىلاپتىن چۈشۈپ كەتتى.
9 يوئاب ئاماسادىن: تىنچلىقمۇ، ئىنىم؟ ــ دەپ سورىدى. يوئاب
ئاماسانى سۆيمەكچى بولغاندەك ئوڭ قولى بىلەن ئۇنى ساقىلىدىن
تۇتتى. 10 ئاماسا يوئابنىڭ يەنە بىر قولىدا قىلىچ بارلىقىغا دىققەت
قىلمىدى. يوئاب ئۇنىڭ قورسىقىغا شۇنداق تىقتىكى، ئۈچەيلىرى
چىقىپ يەرگە چۈشتى. ئىككىنچى قېتىم سېلىشنىڭ ھاجىتى
قالمىغانىدى؛ چۈنكى ئۇ ئۆلدى. ئاندىن يوئاب بىلەن ئىنىسى ئابىشاي
بىكرىنىڭ ئوغلى شېبانى قوغلىغىلى كەتتى.
11 يوئابنىڭ غۇلاملىرىدىن بىرى ئاماسانىڭ يېنىدا تۇرۇپ: كىم يوئاب
تەرەپتە تۇرۇپ داۋۇتنى قوللىسا، يوئابقا ئەگەشسۇن، دەيتتى.
12 ئەمما ئاماسا ئۆز قېنىدا يۇمىلىنىپ، يولنىڭ ئوتتۇرسىدا ياتاتتى؛
ئۇنى كۆرگەن خەلقنىڭ ھەربىرى توختايتتى. ئۇ كىشى ھەممە خەلقنىڭ
توختىغىنىنى كۆرۈپ، ئاماسانىڭ جەسىتىنى يولدىن ئېتىزلىققا

**10:20** 1پاد. 5:2

تارتىپ قويدى ھەم بىر كىيىمنى ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى. [13] جەسەت
يولدىن يۆتكەلگەندىن كېيىن خەلقنىڭ ھەممىسى بىكرىنىڭ ئوغلى
شېبانى قوغلىغىلى يوئابقا ئەگەشتى.
[14] شېبا بولسا بەيت-مائاكاھدىكى ئابەلگىچە ۋە بېرىيلىكلەرنىڭ
يۇرتىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى كېزىپ ئىسرائىلنىڭ ھەممە
قەبىلىلىرىدىن ئۆتتى. بېرىيلىكلەرمۇ جەم بولۇپ ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ باردى. [15] شۇنىڭ بىلەن يوئاب ۋە ئادەملىرى كېلىپ، بەيت-
مائاكاھدىكى ئابەلدە ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇلار شەھەرنىڭ
چۆرىسىدىكى سېپىلنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ئىستىھكام سالدى؛
يوئابقا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ، سېپىلنى ئۆرۈشكە
بازغانلاۋاتقاندا، [16] دانىشمەن بىر خوتۇن شەھەردىن توۋلاپ: قۇلاق
سېلىڭلار! قۇلاق سېلىڭلار! يوئابنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىڭلار،
مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغىنىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار،
— دېدى.
[17] ئۇ يېقىن كەلگەندە خوتۇن ئۇنىڭدىن: سىلى يوئابمۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئۇ: شۇنداق، مەن شۇ، دېدى. خوتۇن ئۇنىڭغا: دېدەكلىرىنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىغايلا، دېدى. ئۇ: ئاڭلاۋاتىمەن، دېدى.
[18] خوتۇن: كونىلاردا ئابەلدە مەسلىھەت تاپقىن، ئاندىن مەسىلىلەر
ھەل قىلىنىدۇ، دېگەن گەپ بار؛ [19] ئىسرائىلنىڭ تىنچ ۋە مۆمىن
بەندىلىرىدىن بىرىمەن؛ سىلى ھازىر ئىسرائىلدىكى ئانا كەبى
چوڭ بىر شەھەرنى خاراپ قىلىۋاتىدىلا؛ نېمىشقا پەرۋەردىگارنىڭ
مىراسىنى يوقاتماقچى بولىلا؟ — دېدى.
[20] يوئاب جاۋاپ بېرىپ: ئۇنداق ئىش مەندىن نېرى بولسۇن! مەندىن
نېرى بولسۇن! مېنىڭ ھېچنېمىنى يۇتىۋالغۇم ياكى يوقاتقۇم يوقتۇر؛ [21]

---

14:20 **«بېرىيلىكلەرمۇ جەم بولۇپ...»** — ياكى «ئۇ يەردىكى كىشلەرمۇ جەم بولۇپ...».
19:20 **«سىلى ھازىر ئىسرائىلدىكى ئانا كەبى چوڭ بىر شەھەرنى خاراپ قىلىۋاتىدىلا»**
— «ئانا كەبى چوڭ بىر شەھەر» دېگەننىڭ مەنىسى بەلكىم، باشقا شەھەرلەر ئابەلگە بېقىنىدۇ.
باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «بىر شەھەر ۋە ئىسرائىلدىكى بىر ئانا بولغۇچىنى خاراب قىلىۋاتىدىلا»

ئىش ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئەفرائىمدىكى ئېدىرلىقتىن بىكرىنىڭ
ئوغلى شېبا دېگەن بىر ئادەم داۋۇت پادىشاھقا قارشى قولىنى كۆتۈرۈپتۇ.
پەقەت ئۇنى تاپشۇرساڭلار، ئاندىن شەھەردىن كېتىمەن، دېدى. خوتۇن
يوئابقا: مانا ئۇنىڭ بېشى سېپىلدىن سىلىڭگە تاشلىنىدۇ، ــ دېدى.
[22] ئاندىن خوتۇن ئۆز دانالىقى بىلەن ھەممە خەلققە مەسلىھەت بەردى؛
ئۇلار بىكرىنىڭ ئوغلى شېبانىڭ بېشىنى كېسىپ، يوئابقا تاشلاپ
بەردى. يوئاب كاناي چالدى، ئۇنىڭ ئادەملىرى شۇنى ئاڭلاپ، شەھەردىن
كېتىپ، ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە قايتتى. يوئاب يېرۇسالېمغا پادىشاھنىڭ
قېشىغا باردى.
[23] ئەمدى يوئاب پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى ئىدى؛
يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا بولسا كەرەتىيلەر بىلەن پەلەتىيلەرنىڭ
ئۈستىگە سەردار بولدى. [24] ئادونىرام باج-ئالۋانغا باش بولدى،
ئاھىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافات بولسا دىۋان بېگى بولدى؛ [25] شېۋا
كاتىپ، زادوك بىلەن ئابىياتار كاھىن ئىدى؛ [26] يائىرلىق ئىرا بولسا
داۋۇتقا خاس كاھىن بولدى.

## گىبېئونلۇقلار قىساس سورايدۇ

21 [1] ئەمما داۋۇتنىڭ كۈنلىرىدە ئۈدا ئۈچ يىل ئاچارچىلىق بولدى.
داۋۇت ئۇنىڭ توغرۇلۇق پەرۋەردىگاردىن سورىدى. پەرۋەردىگار
ئۇنىڭغا: ئاچارچىلىق سائۇل ۋە ئۇنىڭ قانخور جەمەتىدىكىلەر
سەۋەبىدىن، يەنى ئۇنىڭ گىبېئونلۇقلارنى قىرغىن قىلغىنىدىن
بولدى، دېدى.

---

22:20 «**شۇنى ئاڭلاپ... ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە قايتتى**» ــ ئىبرانىي تىلىدا: «شۇنى ئاڭلاپ... ھەربىرى ئۆز چېدىرىغا قايتتى».

26:20 «**يائىرلىق ئىرا بولسا داۋۇتقا خاس كاھىن بولدى**» ــ ياكى «يائىرلىق ئىرا بولسا داۋۇتنىڭ باش ۋەزىرى بولدى».

1:21 «**ئەمما داۋۇتنىڭ كۈنلىرىدە ئۈدا ئۈچ يىل ئاچارچىلىق بولدى...**» ــ 21-24-بابلار بەلكىم تارىختا قوشۇلغان قوشۇمچە سۆز بولۇپ، «سامۇئىل (2)»دىكى يىللار ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن

2 پادىشاھ گىبېئونلۇقلارنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى
(گىبېئونلۇقلار ئىسرائىللاردىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئامورىيلارنىڭ
بىر قالدىسى ئىدى. ئىسرائىل ئەسلىدە ئۇلار بىلەن ئەھدە قىلىپ
قەسەم ئىچكەنىدى؛ لېكىن سائۇل ئىسرائىل ۋە يەھۇدالارغا بولغان
قىزغىنلىقى بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئىنتىلگەنىدى).
3 داۋۇت گىبېئونلۇقلارغا: سىلەرگە نېمە قىلىپ بېرەي؟ مەن
قانداق قىلىپ بۇ گۇناھنى كەفارەت قىلىپ ياپسام، ئاندىن سىلەر
پەرۋەردىگارنىڭ مىراسىغا بەخت-بەرىكەت تىلىيەلەيسىلەر؟ ــ دېدى.
4 گىبېئونلۇقلار ئۇنىڭغا: بىزنىڭ سائۇل ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەردىن
ئالتۇن-كۈمۈش سوراش ھەققىمىز يوق، ۋە بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن
ئىسرائىلدىن بىر ئادەمنىمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدۇرۇش ھەققىمىز
يوق، دېدى. داۋۇت: سىلەر نېمە دېسەڭلار، مەن شۇنداق قىلاي، دېدى.
5 ئۇلار پادىشاھقا: بۇرۇن بىزنى يوقاتماقچى بولغان، بىزنى
ئىسرائىلنىڭ بارلىق پاسىللىرى ئىچىدە تۇرغۇدەك يېرى قالمىسۇن
دەپ، بىزنى ھالاك قىلىشقا قەستلىگەن ھېلىقى كىشىنىڭ، 6 ھازىر
ئۇنىڭ ئەركەك نەسلىدىن يەتتىسى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىلسۇن، بىز
پەرۋەردىگارنىڭ تاللىغىنى بولغان سائۇلنىڭ گىبېئاھ شەھىرىدە،
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئېسىپ قويايلى، دېدى.
پادىشاھ: ــ مەن سىلەرگە چوقۇم تاپشۇرۇپ بېرىمەن، دېدى.
7 لېكىن داۋۇت بىلەن سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ پەرۋەردىگار
ئالدىدا ئىچىشكەن قەسىمى ۋەجىدىن پادىشاھ سائۇلنىڭ نەۋرىسى،
يوناتاننىڭ ئوغلى مەفىبوشەتنى ئايىدى.

---

باشقا مۇھىم ئىشلارنى تەسۋىرلەيدۇ.

**2:21** **«ئىسرائىل ئەسلىدە ئۇلار بىلەن ئەھدە قىلىپ قەسەم ئىچكەنىدى»** ــ بۇ ئىش «يەشۇئا» 9-بابتا خاتىرىلەنگەن.

**2:21** يە. 19:9

**3:21** **«... ئاندىن سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ مىراسىغا بەخت-بەرىكەت تىلىيەلەيسىلەر»** ــ دېمەك، ئۇلارنىڭ ئىسرائىلغا بولغان بۇ ئادىۋىتى توگەيدۇ.

**7:21** 1سام. 3:18؛ 15:20، 42؛ 18:23

[8]پادىشاھ ئاياھنىڭ قىزى رىزپاھنىڭ سائۇلغا تۇغۇپ بەرگەن ئىككى ئوغلى ئارمونى ۋە مەفىبوشەتنى ۋە سائۇلنىڭ قىزى مىقال مەھولاتلىق بارزىللاينىڭ ئوغلى ئادرىئەل ئۈچۈن بېقىۋالغان بەش ئوغۇلنى تۇتۇپ، [9]گىبېئونلۇقلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. بۇلار ئۇلارنى دۆۋىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئېسىپ قويدى. بۇ يەتتەيلەن بىر كۈندە ئۆلتۈرۈلدى؛ ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەندە ئارپا ئورمىسى ئالدىدىكى كۈنلەر ئىدى.

[10] ئاندىن ئاياھنىڭ قىزى رىزپاھ بۆز رەختنى ئېلىپ، قورام ئۈستىگە يېيىپ سالدى. ئۇ ئورما باشلانغاندىن تارتىپ ئاسماندىن يامغۇر چۈشكەن ۋاقىتقىچە، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ كۈندۈزى قۇشلارنىڭ جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە قونۇشىغا، كېچىسى يىرتقۇچلارنىڭ ئۇلارنى دەسسەپ چەيلىشىگە يول قويمىدى.

[11] بىرسى سائۇلنىڭ كېنىزىكى، ئاياھنىڭ قىزى رىزپاھنىڭ قىلغانلىرىنى داۋۇتقا ئېيتتى.

[12] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت يابەش-گىلېئادتىكىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن سائۇلنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ سۆڭەكلىرىنى ئېلىپ كەلدى (فىلىستىيلەر گىلبوئادا سائۇلنى ئۆلتۈرگەن كۈندە ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى بەيت-شاندىكى مەيداندا ئېسىپ قويغانىدى؛ يابەش-گىلېئادتىكىلەر ئەسلىدە بۇلارنى شۇ يەردىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەتكەنىدى). [13] داۋۇت سائۇل بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ سۆڭەكلىرىنى شۇ يەردىن ئېلىپ كەلدى؛ ئۇلار ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەتتەيلەننىڭ سۆڭەكلىرىنىمۇ يىغىپ قويدى، [14] ئاندىن شۇلارنى سائۇل بىلەن ئوغلى يوناتاننىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن بىنيامىن زېمىنىدىكى زېلادا، ئاتىسى

---

**8:21 «سائۇلنىڭ قىزى مىقال مەھولاتلىق بارزىللاينىڭ ئوغلى ئادرىئەل ئۈچۈن بېقىۋالغان بەش ئوغۇل...»** — مىقال بەلكىم ئاچىسى مەرابنىڭ بۇ بەش ئوغلىنى بېقىۋالغان (23:6نى، «1سام.» 19:18نى كۆرۈڭ). بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «مەرابنىڭ مەھولاتلىق بارزىللاينىڭ ئوغلى ئادرىئەل ئۈچۈن تۇغۇپ بەرگەن بەش ئوغلىنى» دېيىلىدۇ.

**12:21** 1سام. 13-10:31

كىشىنىڭ قەبرىسىدە دەپنە قىلدى. ئۇلار پادىشاھ ئەمر قىلغاندەك قىلدى. ئاندىن خۇدا خەلقنىڭ زېمىن توغرۇلۇق دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلدى.

## فىلىستىيلەر بىلەن قايتا جەڭ قىلىش

1تار. 20:4-8

15 فىلىستىيلەر بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە جەڭ بولدى،
داۋۇت ئۆز ئادەملىرى بىلەن چۈشۈپ، فىلىستىيلەر بىلەن سوقۇشتى.
ئەمما داۋۇت تولىمۇ چارچاپ كەتتى؛ 16 رافاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن
بولغان ئىشبى-بىنوب داۋۇتنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى؛ ئۇنىڭ مىس
نەيزىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ يۈز شەكەل ئىدى؛ ئۇنىڭغا يەنە يېڭى
ساۋۇت باغلاقلىق ئىدى. 17 لېكىن زەرۇئىيانىڭ ئوغلى ئابىشاي
ئۇنىڭغا ياردەمگە كېلىپ فىلىستىينى قىلىچلاپ ئۆلتۈردى. شۇ كۈنى
داۋۇتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ: سەن يەنە بىز بىلەن
جەڭگە چىقمىغىن! بولمىسا ئىسرائىلنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالىدۇ،
ــ دېدى.
18 بۇ ئىشتىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، گوبتا فىلىستىيلەر بىلەن يەنە
جەڭ بولدى؛ ئۇ ۋاقىتتا ھۇشاتلىق سىببىكاي رافاھنىڭ ئەۋلادىدىن
بولغان سافنى ئۆلتۈردى.
19 گوبتا يەنە بىر قېتىم فىلىستىيلەر بىلەن جەڭ بولدى؛ ئۇ چاغدا

---

14:21 **«ئاندىن خۇدا خەلقنىڭ زېمىن توغرۇلۇق دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلدى»** ــ «زېمىن توغرۇلۇق دۇئالىرى» ــ دېمەك، قەھەتچىلىكنىڭ توگىتىلىشى ئۈچۈن.

16:21 **«رافاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىشبى-بىنوب»** ــ «رافاھنىڭ ئەۋلادلىرى» ھەممىسى دېگۈدەك يوغان ئادەملەر ئىدى (18، 20، 22نى كۆرۈڭ). **«ئۇنىڭ مىس نەيزىسىنىڭ ئېغىرلىقى»** ــ ياكى «ئۇنىڭ نەيزىنىڭ مىس بېشىنىڭ ئېغىرلىقى». **«300 شەكەل»** ــ بەلكىم 3.5 كىلوگرام ئىدى. **«ئۇنىڭغا يەنە يېڭى ساۋۇت باغلاقلىق ئىدى»** ــ ياكى، «ئۇنىڭغا يەنە يېڭى بىر قورالى بار ئىدى».

**17:21** پەند. 9:13

**18:21** 1تار. 4:20

بەيت-لەھەملىك يائىرنىڭ ئوغلى ئەل-ھانان گاتلىق گولىياتنىڭ
ئىنىسىنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ نەيزىسىنىڭ سېپى باپكارنىڭ
خادىسىدەك ئىدى.
[20] يەنە بىر جەڭ گاتتا بولدى؛ ئۇ يەردە ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم بار
ئىدى، قوللىرىنىڭ ئالتىدىن بارماقلىرى، پۇتلىرىنىڭ ئالتىدىن
بارماقلىرى بولۇپ جەمئىي يىگىرمە تۆت بارمىقى بار ئىدى. ئۇ ھەم
رافاھنىڭ ئەۋلادى ئىدى. [21] ئۇ ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇلارنى
مازاق قىلدى؛ لېكىن داۋۇتنىڭ ئاكىسى شىمىيانىڭ ئوغلى يوناتان
ئۇنى ئۆلتۈردى.
[22] بۇ تۆت كىشى گاتلىق رافاھنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ھەممىسى داۋۇتنىڭ
قولىدا ياكى ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى.

## داۋۇتنىڭ مەدھىيە كۈيى

زەب. 18

22 [1] پەرۋەردىگار ئۇنى بارلىق دۈشمەنلىرىدىن ھەم سائۇل
پادىشاھنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان كۈنى، ئۇ پەرۋەردىگارغا بۇ
كۈينى ئېيتتى: ــ

[2] ئۇ مۇنداق دېدى: ــ پەرۋەردىگار مېنىڭ خادا تېغىم، مېنىڭ قورغىنىم،
مېنىڭ نىجاتكارىمدۇر!
[3] خۇدا مېنىڭ قورام تېشىمدۇر، مەن ئۇنىڭغا تايىنىمەن ــ
ئۇ مېنىڭ قالقىنىم، مېنىڭ قۇتقۇزغۇچى مۈڭگۈزۈم،
مېنىڭ ئېگىز مۇنارىم ۋە باشپاناھىم، مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىمدۇر؛

19:21 **«بەيت-لەھەملىك يائىر»** ــ بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە «يائىر» «يائىر-ئورگىم» دەپ ئاتىلىدۇ. **«گولىياتنىڭ ئىنىسى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە پەقەت «گولىيات» دېيىلىدۇ.
1:22 **«...ئۇ پەرۋەردىگارغا بۇ كۈينى ئېيتتى»** ــ زەبۇر، 18-كۈي ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

سەن مېنى زوراۋانلاردىن قۇتقۇزىسەن!
4 مەدھىيىلەرگە لايىق پەرۋەردىگارغا مەن نىدا قىلىمەن،
شۇنداق قىلىپ، مەن دۈشمەنلىرىمدىن قۇتقۇزۇلىمەن؛
5 چۈنكى ئۆلۈمنىڭ ئاسارەتلىرى مېنى قورشىۋالدى،
ئىخلاسسىزلارنىڭ يامراپ كېتىشى مېنى قورقۇتۇۋەتتى؛
6 تەھتىسارانىڭ تانىلىرى مېنى چىرمىۋالدى،
ئۆلۈم سىرتماقلىرى ئالدىمغا كەلدى.
7 قىينالغىنىمدا مەن پەرۋەردىگارغا نىدا قىلدىم،
خۇدايىمغا پەرياد كۆتۈردۈم؛
ئۇ ئىبادەتخانىسىدىن ئاۋازىمنى ئاڭلىدى،
مېنىڭ پەريادىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى.
8 ئاندىن يەر-زېمىن تەۋرەپ سىلكىنىپ كەتتى،
ئاسمانلارنىڭ ئۇللىرى دەھشەتلىك تەۋرەندى، سىلكىنىپ كەتتى؛
چۈنكى ئۇ غەزەپلەندى.
9 ئۇنىڭ دىمىغىدىن ئىس ئۆرلەپ تۇراتتى،
ئاغزىدىن چىققان ئوت ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى؛
ئۇنىڭدىن كۆمۈر چوغلىرى چىقتى؛
10 ئۇ ئاسمانلارنى ئېگىشتۈرۈپ ئېگىپ چۈشتى،
پۇتى ئاستىدا تۇم قاراڭغۇلۇق ئىدى.
11 ئۇ بىر كېرۇب ئۈستىدە پەرۋاز قىلدى،
ئۇ شامالنىڭ قاناتلىرىدا كۆرۈندى.
12 ئۇ قاراڭغۇلۇقنى، شۇنداقلا يىغىلغان سۇلارنى،
ئاسمانلارنىڭ قويۇق بۇلۇتلىرىنى،

3:22 **«...مېنىڭ قۇتقۇزغۇچى مۇڭگۈزۈم»** — ئىبرانىي تىلدا «...نىجاتىمنىڭ مۈڭگۈزى». **«سەن مېنى زوراۋانلاردىن قۇتقۇزىسەن!»** — ئىبرانىي تىلدا «سەن مېنى زوراۋانلىقتىن قۇتقۇزىسەن».

3:22 ئىبر. 13:2

5:22 **«ئىخلاسسىزلارنىڭ يامراپ كېتىشى مېنى قورقۇتۇۋەتتى»** — ئىبرانىي تىلدا «ئىخلاسسىزلارنىڭ قىيان-تاشقىنلىرى مېنى قورقۇتۇۋەتتى».

ئۆز ئەتراپىدا چېدىرى قىلدى.
13 ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان يورۇقلۇقتىن،
ئوتلۇق چوغلار چىقىپ ئۆتتى؛
14 پەرۋەردىگار ئاسماندا گۈلدۈرلىدى؛
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى ئاۋازىنى ياڭراتتى؛
15 بەرھەق، ئۇ ئوقلىرىنى ئېتىپ، دۈشمەنلىرىمنى تارقىتىۋەتتى؛
چاقماقلارنى چاقتۇرۇپ، ئۇلارنى قىيقاس-سۈرەنگە سالدى؛
16 شۇنىڭ بىلەن دېڭىزنىڭ تەكتى كۆرۈنۈپ قالدى،
ئالەمنىڭ ئۇللىرى ئاشكارىلاندى،
پەرۋەردىگارنىڭ تەنبىھى بىلەن،
دىمىغىنىڭ نەپەسىنىڭ زەربىسى بىلەن.
17 ئۇ يۇقىرىدىن قولىنى ئۇزىتىپ، مېنى تۇتتى؛
مېنى ئۇلۇغ سۇلاردىن تارتىپ ئالدى.
18 ئۇ مېنى كۈچلۈك دۈشمىنىمدىن،
ماڭا ئۆچمەنلەردىن قۇتقۇزدى؛
چۈنكى ئۇلار مەندىن كۈچلۈك ئىدى.
19 كۈلپەتكە ئۇچرىغان كۈنۈمدە، ئۇلار ماڭا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى؛
بىراق پەرۋەردىگار مېنىڭ تايانچىم ئىدى.
20 ئۇ مېنى كەڭرى-ئازادە بىر جايغا ئېلىپ چىقاردى؛
ئۇ مېنى قۇتقۇزدى، چۈنكى ئۇ مەندىن خۇرسەن بولدى.
21 پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمغا قاراپ ماڭا ئىلتىپات كۆرسەتتى؛
قولۇمنىڭ ھالاللىقىنى ئۇ ماڭا قايتۇردى؛
22 چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ يوللىرىنى تۇتۇپ كەلدىم؛
رەزىللىك قىلىپ خۇدايىمدىن ئايرىلىپ كەتمىدىم؛
23 چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى ئالدىمدىدۇر؛
مەن ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كەتمىدىم؛

---

15:22 **«بەرھەق، ئۇ ... دۈشمەنلىرىمنى تارقىتىۋەتتى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «بەرھەق، ئۇ ... ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى». 18-ئايەتنى كۆرۈڭ.

24 مەن ئۇنىڭ بىلەن غۇبارسىز يۈردۈم،
ئۆزۈمنى گۇناھتىن نېرى قىلدىم.
25 ۋە پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمغا قاراپ،
كۆز ئالدىدا بولغان ھالاللىقىم بويىچە قىلغانلىرىمنى قايتۇردى.
26 ۋاپادار-مېھرىبانلارغا ئۆزۈڭنى ۋاپادار-مېھرىبان كۆرسىتىسەن؛
غۇبارسىزلارغا ئۆزۈڭنى غۇبارسىز كۆرسىتىسەن؛
27 ساپ دىللىقلارغا ئۆزۈڭنى ساپ دىللىق كۆرسىتىسەن؛
تەتۈرلەرگە ئۆزۈڭنى تەتۈر كۆرسىتىسەن؛
28 چۈنكى سەن ئاجىز مۆمىن خەلقنى قۇتقۇزىسەن؛
بىراق كۆزلىرىڭنى تەكەببۇر ئۈستىگە تىكىپ،
ئۇلارنى شەرمەندە قىلىسەن؛
29 چۈنكى سەن پەرۋەردىگار مېنىڭ چىرىغىمدۇرسەن؛
پەرۋەردىگار مېنى باسقان قاراڭغۇلۇقنى نۇرلاندۇرىدۇ؛
30 چۈنكى سەن ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇنى ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتۇم؛
سەن خۇدايىم ئارقىلىق مەن سېپىلدىن ئاتلاپ ئۆتتۇم.
31 تەڭرىم ــ ئۇنىڭ يولى مۇكەممەلدۇر؛
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى سىناپ ئىسپاتلانغاندۇر؛
ئۇ ئۆزىگە تايانغانلارنىڭ ھەممىسىگە قالقاندۇر.
32 چۈنكى پەرۋەردىگاردىن باشقا يەنە كىم ئىلاھتۇر؟
بىزنىڭ خۇدايىمىزدىن باشقا كىم قورام تاشتۇر؟
33 تەڭرى مېنىڭ مۇستەھكەم قورغىنىمدۇر؛
ئۇ يولۇمنى مۇكەممەل، تۈپ-تۈز قىلىدۇ؛
34 ئۇ مېنىڭ پۇتلىرىمنى كېيىكنىڭكىدەك قىلىدۇ؛

---

**22:29** پەند. 9:13

**22:30** **«دۈشمەن قوشۇنى ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتۇم»** ــ «يۈگۈرۈپ ئۆتتۇم» دېگەن مۇشۇ سۆزلەر «بۆسۈپ ئۆتتۇم» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**22:31** قان. 32:4؛ دان. 4:34؛ زەب. 12:6؛ 119:140؛ پەند. 30:5؛ ۋەھ. 15:3

**22:32** قان. 32:39؛ 1سام. 2:2؛ زەب. 86:8؛ يەش. 45:5

ئۇ مېنى يۇقىرى جايلىرىمغا تۇرغۇزىدۇ؛
35 قوللىرىمنى ئۇرۇش قىلىشقا ئۆگىتىدۇ،
شۇڭلاشقا بىلەكلىرىم مىس كامانىنى كېرەلەيدۇ؛
36 سەن ماڭا نىجاتىڭدىكى قالقاننى بەردىڭ،
سېنىڭ مۆلايىم كەمتەرلىكىڭ مېنى ئۇلۇغ قىلدى.
37 سەن قەدەملىرىم ئاستىدىكى جاينى كەڭ قىلدىڭ،
مېنىڭ پۇتلىرىم تېيىلىپ كەتمىدى.
38 مەن دۈشمەنلىرىمنى قوغلاپ يوقاتتىم،
ئۇلار ھالاك بولمىغۇچە ھېچ يانمىدىم.
39 قايتا تۇرالمىغۇدەك قىلىپ،
ئۇلارنى ھالاك قىلىپ يانجىدىم،
ئۇلار پۇتلىرىم ئاستىدا يىقىلدى.
40 سەن جەڭ قىلىشقا كۈچ بىلەن بېلىمنى باغلىدىڭ؛
سەن ماڭا ھۇجۇم قىلغانلارنى پۇتۇم ئاستىدا ئېگىلدۈردۈڭ؛
41 دۈشمەنلىرىمنى ماڭا ئارقىنى قىلىپ قاچقۇزدۇڭ،
شۇنىڭ بىلەن مەن ماڭا ئۆچمەنلەرنى يوقاتتىم.
42 ئۇلار تەلمۈردى، بىراق قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى؛
ھەتتا پەرۋەردىگارغا قارىۋىدى، ئۇمۇ ئۇلارغا جاۋاب بەرمىدى.
43 مەن ئۇلارنى سوقۇپ يەردىكى توپىدەك قىلىۋەتتىم؛
كوچىدىكى پاتقاقتەك مەن ئۇلارنى چەيلىۋەتتىم؛
ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن پېتىقدىۋەتتىم.
44 سەن مېنى خەلقىمنىڭ نىزالىرىدىن قۇتقۇزغانسەن؛
سەن مېنى ئەللەرنىڭ بېشى بولۇشقا ساقلىدىڭ؛
ماڭا يات بولغان بىر خەلق خىزمىتىمدە بولماقتا.
45 يات ئەلدىكىلەر ماڭا زەئىپلىشىپ تەسلىم بولىدۇ؛
ئاڭلىشى بىلەنلا ئۇلار ماڭا ئىتائەت قىلىدۇ؛
46 يات ئەلدىكىلەر چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ؛
ئۇلار ئۆز ئىستىھكاملىرىدىن تىترىگەن ھالدا چىقىپ كېلىدۇ؛

47 پەرۋەردىگار ھاياتتۇر!
مېنىڭ قورام تېشىم مۇبارەكلەنسۇن؛
نىجاتىم بولغان قورام تاش خۇدا ئالىيدۇر، دەپ مەدھىيىلەنسۇن!
48 ئۇ، يەنى مەن ئۈچۈن تولۇق قىساس ئالغۇچى تەڭرى،
خەلقلەرنى ماڭا بويسۇندۇرغۇچىدۇر؛
49 ئۇ مېنى دۈشمەنلىرىم ئارىسىدىن چىقارغان؛
بەرھەق، سەن مېنى ماڭا ھۇجۇم قىلغانلاردىن يۇقىرى كۆتۈردۈڭ؛
زوراۋان ئادەمدىن سەن مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ.
50 مۇشۇ سەۋەبلىك مەن ئەللەر ئارىسىدا ساڭا تەشەككۇر ئېيتىمەن،
ئى پەرۋەردىگار؛
نامىڭنى ئۇلۇغلاپ كۈيلەرنى ئېيتىمەن؛
51 ئۇ بولسا ئۆزى تىكلىگەن پادىشاھقا زور قۇتقۇزۇشلارنى بېغىشلايدۇ؛
ئۆزى مەسىھ قىلغىنىغا،
يەنى داۋۇتقا ھەم ئۇنىڭ نەسلىگە مەڭگۈگە ئۆزگەرمەس مۇھەببەتنى
كۆرسىتىدۇ.

## داۋۇتنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى

23 1 تۆۋەندىكىلەر داۋۇتنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدۇر: ــ
ئىسرائىلنىڭ كۈيلىرىنىڭ سۆيۈملۈك تېمىسى بولغۇچىنى،
يەنى ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ مەسىھىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن،
يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم مۇنداق سۆزلەيدۇ،
يەسسەنىڭ ئوغلى داۋۇتنىڭ مۇنداق بېشارەت بېرىدۇ: ــ

---

50:22 رىم. 9:15

1:23 **«ئىسرائىلنىڭ كۈيلىرىنىڭ سۆيۈملۈك تېمىسى بولغۇچىنى، يەنى ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ مەسىھىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم مۇنداق سۆزلەيدۇ، يەسسەنىڭ ئوغلى داۋۇتنىڭ مۇنداق بېشارەت بېرىدۇ،...»** ــ بۇرۇنقى بىرخىل تەرجىمىمىز: «يەسسەنىڭ ئوغلى داۋۇتنىڭ بېشارىتى، يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلگەن، ياقۇپنىڭ خۇداسى تەرىپىدىن مەسىھلەنگەن، ئىسرائىلنىڭ سۆيۈملۈك كۈيچىسىنىڭ بېشارەت سۆزلىرى مانا...». يېقىندىكى تەتقىقات ھازىرقى تەرجىمىمىزنى تەستىقلەيدۇ.

2 پەرۋەردىگارنىڭ روھى مەن ئارقىلىق سۆز قىلدى،
ئۇنىڭ سۆزلىرى تىلىمدىدۇر.
3 ئىسرائىلنىڭ خۇداسى سۆز قىلدى،
ئىسرائىلنىڭ قورام تېشى ماڭا شۇنداق دېدى: ــ
كىمكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن سەلتەنەت قىلسا،
كىمكى خۇدادىن قورقۇش بىلەن سەلتەنەت قىلسا،
4 ئۇ قۇياش چىققاندىكى تاڭ نۇرىدەك،
بۇلۇتسىز سەھەردەك بولىدۇ،
يامغۇردىن كېيىن ئاسمان سۇزۇك بولۇشى بىلەن،
يۇمران مايسىلار تۇپراقتىن چىقىدۇ، مانا ئۇ شۇنداق بولىدۇ.
5 مېنىڭ ئۆيۈم تەڭرى ئالدىدا شۇنداق بولمىسىمۇ،
ئۇ يەنىلا مەن بىلەن مەڭگۈلۈك ئەھدە تۈزدى؛
ئەھدە ھەممە ئىشلاردا مۇپەسسەل ھەم مۇستەھكەمدۇر؛
گەرچە ئۇ بۇنى تېخى بەرق ئۇرغۇزمامىغان بولسىمۇ،
بۇ مېنىڭ بارلىق نىجاتلىق ئىشلىرىم،
مېنىڭ ھەممە ئىنتىزارلىقىمدۇر!
6 لېكىن ئىپلاسلارنىڭ ھەممىسى تىكەنلەردەك،
ھېچكىم قولىدا تۇتالمىغاچقا، چۆرۈۋېتىلىدۇ.
7 ئۇلارغا قول ئۇزاتقۇچى ئۆزىنى تۆمۈر قورال ۋە نەيزە سېپى بىلەن قوراللاندۇرمىسا بولمايدۇ؛
ئۇلار ھامان تۇرغان يېرىدە ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ!

4:23 **«ئۇ قۇياش چىققاندىكى تاڭ نۇرىدەك،...»** ــ ياكى «قۇياش چىققاندەك، تاڭ نۇرىدەك،...».
6:23 **«ئىپلاسلارنىڭ ھەممىسى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «بېلىئال (شەيتان)نىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى».

## داۋۇتنىڭ پالۋانلىرى

**1تار. 11:10-47**

8داۋۇتنىڭ پالۋانلىرىنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەن-
گەندۇر: ــ
تاخكىمونلۇق يوشەب-باشسەبەت سەردارلارنىڭ بېشى ئىدى.
ئۇ بىر قېتىملىق جەڭدە نەيزە ئوينىتىپ، سەككىز يۈز ئادەمنى
ئۆلتۈرگەنىدى.
9كېيىنكىسى ئاخوخىي دودونىڭ ئوغلى ئەلئازار ئىدى؛ فىلىستىيلەر
يىغىلىپ جەڭ قىلماقچى بولدى؛ شۇ ۋاقىتتا داۋۇت ۋە ئۇنىڭغا
ھەمراھ بولۇپ چىققان ئۈچ پالۋان ئۇلارنى جەڭگە چاقىردى؛ ئەلئازار
شۇ ئۈچىتىن بىرى ئىدى. لېكىن ئىسرائىللار چېكىنىدى؛ 10 ئۇ
قوزغىلىپ، تاكى بىلىكى تېلىپ، قولى قىلىچقا چاپلىشىپ قالغۇچە
فىلىستىيلەرنى قىردى. ئۇ كۈنى پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنى چوڭ
نۇسرەتكە ئېرىشتۈردى. خەلق ئۇنىڭ قېشىغا قايتقاندا پەقەت ئۆلجا
يىغىش ئىشىلا قالغانىدى.
11 ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ھارارلىق ئاگېينىڭ ئوغلى شاماھ
ئىدى. بىر كۈنى فىلىستىيلەر قوشۇن بولۇپ يىغىلغانىدى؛ يېقىن
ئەتراپتا قويۇق ئۆسكەن بىر قىزىل ماشلىق بار ئىدى. كىشىلەر
فىلىستىيلەرنىڭ ئالدىدىن قاچقانىدى، 12 شاماھ بولسا قىزىل
ماشلىق ئوتتۇرىسىدا مەزمۇت تۇرۇپ، ئۇنى قوغداپ فىلىستىيلەرنى
قىردى؛ شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا غايەت زور نۇسرەت
ئاتا قىلدى.

---

8:23 **«ئۇ بىر قېتىملىق جەڭدە نەيزە ئوينىتىپ، سەككىز يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەنىدى»** ــ كونا كۆچۈرۈلمىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە: «ئۇنىڭ باشقا ئىسمى «ئەزنىلىق ئادىنو»؛ چۈنكى ئۇ بىر قېتىمدىلا سەككىز يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەنىدى» دېيىلىدۇ. بىز مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدىكى («LXX») تەرجىمىسىگە ئەگىشىمىز («1تار.» 11:11نى كۆرۈڭ).

9:23 **«...ئاخوخىي دودونىڭ ئوغلى...»** ــ ياكى «...ئاخوخىنىڭ نەۋرىسى، دودونىڭ ئوغلى،...»

11:23 **«بىر كۈنى فىلىستىيلەر قوشۇن بولۇپ يىغىلغانىدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىر كۈنى فىلىستىيلەر لېھى (يېزىسى)دا يىغىلغانىدى».

13 ئورما ۋاقتىدا ئوتتۇز يولباشچى ئىچىدىن يەنە ئۈچى ئادۇللامنىڭ
غارىغا چۈشۈپ، داۋۇتنىڭ يېنىغا كەلدى. فىلىستىيلەرنىڭ قوشۇنى
رەفايىم ۋادىسىغا بارگاھ قۇرغانىدى؛ 14 ئۇ چاغدا داۋۇت قورغاندا ئىدى،
فىلىستىيلەرنىڭ قاراۋۇلگاھى بولسا بەيت-لەھەمدە ئىدى. 15 داۋۇت
ئۇسساپ: ئاھ، بىرسى ماڭا بەيت-لەھەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى
قۇدۇقتىن سۇ ئەكىلىپ بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى! — دېۋىدى، 16 بۇ
ئۈچ پالۋان فىلىستىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بەيت-
لەھەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ۋە داۋۇتقا
ئېلىپ كەلدى؛ لېكىن ئۇ ئۇنىڭدىن ئىچكىلى ئۇنىمىدى، بەلكى سۇنى
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ تۆكۈپ: 17 — ئى پەرۋەردىگار، بۇنداق ئىش مەندىن
نېرى بولسۇن! بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتىغا تەۋەككۈل قىلىپ
بېرىپ ئەكەلگەن بۇ سۇ ئۇلارنىڭ قېنىغا ئوخشاش ئەمەسمۇ! — دېدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىچىشكە ئۇنىمىدى. بۇ ئۈچ پالۋان قىلغان ئىشلار
دەل شۇلار ئىدى. 18 زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئابنىڭ ئىنىسى ئابىشاي
بۇ ئۈچىنىڭ بېشى ئىدى. ئۇ ئۈچ يۈز ئادەم بىلەن قارشىلىشىپ
نەيزىسىنى پىقىرىتىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ «ئۈچ
پالۋان» ئىچىدە نامى چىققانىدى. 19 ئۇ بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئىچىدە ئەڭ
ھۆرمەتلىكى ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بېشى ئىدى؛ لېكىن ئۇ ئاۋۋالقى
ئۈچەيلەنگە يەتمەيتتى.

20 يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا كابزەئەلدىن بولۇپ، بىر باتۇر پالۋان
ئىدى؛ ئۇ كۆپ قالتىس ئىشلارنى قىلغان. ئۇ موئابىي ئارىئەلنىڭ
ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن. يەنە قار ياغقان بىر كۈنى ئازگالغا چۈشۈپ،
بىر شىرنى ئۆلتۈرگەنىدى. 21 ئۇ ھەم كۈچتۈڭگۈر بىر مىسىرلىقنى
ئۆلتۈرگەنىدى. مىسىرلىقنىڭ قولىدا بىر نەيزە بار ئىدى، لېكىن
بىنايانىڭ قولىدا بىر ھاسىلا بار ئىدى. ئۇ مىسىرلىقنىڭ قولىدىن
نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆز نەيزىسى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈردى. 22 بۇ

---

20:23 **«ئۇ موئابىي ئارىئەلنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن»** — ياكى «ئۇ موئابتىكى ئىككى شىردەك كىشىنى ئۆلتۈرگەن».

ئىشلارنى يەھوۋادانىڭ ئوغلى بىنايا قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۈچ پالۋان
ئارىسىدا نام چىقارغانىدى. 23 ئۇ ئوتتۇز يولباشچى ئىچىدە ھۆرمەتلىك
ئىدى. لېكىن ئۇ ئاۋۋالقى ئۈچ پالۋانغا يەتمەيتتى. داۋۇت ئۇنى ئۆزىنىڭ
پاسسبان بېگى قىلدى.
24 ئوتتۇز يولباشچى ئىچىدە يوئابنىڭ ئىنىسى ئاساھەل، بەيت-
لەھەملىك دودونىڭ ئوغلى ئەل-ھانان بار ئىدى. 25 بۇنىڭدىن باشقا:
ھارودلۇق شامماھ، ھارودلۇق ئېلىكا، 26 پالتىلىق ھەلەز، تەكوئالىق
ئىككەشنىڭ ئوغلى ئىرا، 27 ئاناتوتلۇق ئابىئېزەر، ھۇشاتلىق
مىبونناي، 28 ئاخوھلۇق زالمون، نېتوفاتلىق ماھاراي، 29 نېتوفاتلىق
بائاناھنىڭ ئوغلى خەلەب، بىنيامىنلاردىن گىبېئاھلىق رىباينىڭ
ئوغلى ئىتتاي، 30 پىراتونلۇق بىنايا، گائاش ۋادىلىرىدىن ھىدداي،
31 ئارباتلىق ئابى-ئالبون، بارھۇملۇق ئازماۋەت، 33-32 شائالبونلۇق
ئەلىياھبا، ياشەننىڭ ئوغۇللىرى، ھارارلىق شامماھنىڭ ئوغلى
يوناتان، ھارارلىق شارارنىڭ ئوغلى ئاھىيام، 34 مائاكاتىي
ئاخاسباينىڭ ئوغلى ئەلىفەلەت، گىلونلۇق ئاھىتوفەلنىڭ ئوغلى
ئېلىيام، 35 كارمەللىك ھەزراي، ئاربىلىق پائاراي، 36 زوباھدىن
بولغان ناتاننىڭ ئوغلى ئىگال، گادلىق بانى، 37 ئامموني زەلەك،
بەئەروتلۇق ناھاراي (ئۇ زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئابنىڭ ياراغ
كۆتۈرگۈچىسى ئىدى)، 38 يىترىلىق ئىرا، يىترىلىق گارەب 39 ۋە
ھىتتىي ئۇرىيا قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇز يەتتە
كىشى ئىدى.

29:23 **«بائاناھنىڭ ئوغلى ھەلەب»** ــ ياكى «بائاناھنىڭ ئوغلى خەلەد».

33-32:23 **«ھارارلىق شامماھنىڭ ئوغلى يوناتان»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئوغلى» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ. يوناتاننىڭ شامماھ (شاگى) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «1تار.» 34:11دىن كۆرۈلىدۇ.

39:23 **«... ۋە ھىتتىي ئۇرىيا قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇز يەتتە كىشى ئىدى»** ــ بۇ تىزىملىكتە يەھۇدىي ئەمەسلەردىن بىرنەچچىسى بار ــ مەسىلەن ئاممونلۇق زەلەك، ھىتتىي ئۇرىيا ۋە موئابلىق يىتما بار.

## داۋۇتنىڭ ئىسرائىللارنى رويخەتكە ئېلىش گۇناھى

1تار. 21

24 1 پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا يەنە قوزغالدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن داۋۇتنى قوزغىۋىدى، ئۇ ئادەم
چىقىرىپ، ئۇلارغا: ــ ئىسرائىللار بىلەن يەھۇدالىقلارنىڭ سانىنى ئال،
دېدى.
2 پادىشاھ ئۆز يېنىدا تۇرغان قوشۇن سەردارى يوئابقا: بارغىن، داندىن
تارتىپ بەئەر-شېباغىچە ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىنىڭ
يۇرتلىرىنى كېزىپ، خەلقنى ساناپ چىققىن، مەن خەلقنىڭ سانىنى
بىلەي، دېدى.
3 يوئاب پادىشاھقا: بۇ خەلق ھازىر مەيلى قانچىلىك بولسۇن،
پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئۇلارنىڭ سانىنى يۈز ھەسسە ئاشۇرغاي. بۇنى
غوجام پادىشاھ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەي! لېكىن غوجام پادىشاھ
نېمىشقا بۇ ئىشتىن خۇش بولىدىكىن؟ ــ دېدى.
4 ئەمما يوئاب بىلەن قوشۇننىڭ باشقا سەردارلىرى ئۇنىمىسىمۇ،
پادىشاھنىڭ يارلىقى ئۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن
يوئاب بىلەن قوشۇننىڭ باشقا سەردارلىرى ئىسرائىلنىڭ خەلقىنى
سانىغىلى پادىشاھنىڭ قېشىدىن چىقتى. 5 ئۇلار ئىئوردان دەرياسىدىن
ئۆتۈپ يائازەرگە يېقىن گاد ۋادىسىدا ئاروئەردە، يەنى شەھەرنىڭ
جەنۇب تەرىپىدە بارگاھ تىكتى. 6 ئاندىن ئۇلار گىلېئادقا ۋە تاختىم-
ھودشىنىڭ يۇرتىغا كەلدى. ئاندىن دان-يائانغا كېلىپ ئايلىنىپ

---

1:24 «خۇدا ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن داۋۇتنى قوزغىۋىدى، ئۇ ...: ــ ئىسرائىللار بىلەن يەھۇدالىقلارنىڭ سانىنى ئال، دېدى» ــ شۈبھىسىزكى، داۋۇت ئەسلى شۇ نىيەتتە ئىدى. مەقستى بەلكىم ئۆز ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش تەكەببۇرلۇق نىيىتى بولسا كېرەك. پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا غەزىپىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، داۋۇتنىڭ بۇ يامان ئىشنى قىلىشىغا يول قويدى.

3:24 «لېكىن غوجام پادىشاھ نېمىشقا بۇ ئىشتىن خۇش بولىدىكىن؟» ــ غەلىتە ئىش شۇكى، ھەتتا خۇدادىن قورقمايدىغان يوئابتەك بىر كىشى بۇ ئىشنىڭ خۇداغا ياقمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

زىندونغا باردى. 7 ئاندىن ئۇلار تۇر دېگەن قورغانلىق شەھەرگە، شۇنداقلا
ھىۋىيلار بىلەن قانائانىيلارنىڭ ھەممە شەھەرلىرىگە كەلدى؛ ئاندىن
ئۇلار يەھۇدا يۇرتىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە، شۇ يەردىكى بەئەر-شېباغىچە
باردى. 8 شۇنداق قىلىپ ئۇلار پۈتكۈل زېمىننى كېزىپ، توققۇز ئاي
يىگىرمە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يېرۇسالېمغا يېنىپ كەلدى.
9 يوئاب پادىشاھقا خەلقنىڭ سانىنى مەلۇم قىلىپ: ئىسرائىلدا قىلىچ
كۆتۈرەلەيدىغان باتۇردىن سەككىز يۈز مىڭ، يەھۇدادا بەش يۈز مىڭ
بار ئىكەن، دېدى.
10 داۋۇت خەلقنىڭ سانىنى ئالغاندىن كېيىن، ۋىجدانى ئازابلاندى ۋە
پەرۋەردىگارغا: بۇ قىلغىنىم ئېغىر گۇناھ بولۇپتۇ. ئى پەرۋەردىگار،
قۇلۇڭنىڭ قەبىھلىكىنى كۆتۈرۈۋەتكەيسەن؛ چۈنكى مەن تولىمۇ
ئەخمەقانىلىك قىپتىمەن، دېدى.
11 داۋۇت ئەتىگەندە تۇرغاندا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى داۋۇتنىڭ ئالدىن
كۆرگۈچىسى بولغان گاد پەيغەمبەرگە كېلىپ دېگەندە:
12 — «بېرىپ داۋۇتقا ئېيتقىن، پەرۋەردىگار: —
مەن ئۈچ بالا-قازانى ئالدىڭغا قويىمەن، ئۇلارنىڭ بىرىنى تاللىۋالغىن،
مەن شۇنى ئۈستۈڭگە چۈشۈرىمەن، دەيدۇ — دېگىن».
13 شۇنىڭ بىلەن گاد داۋۇتنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇنى ئۇنىڭغا دېدى. ئۇ
ئۇنىڭغا: «يەتتە يىللىغىچە زېمىنىڭدا ئاچارچىلىق ساڭا بولسۇنمۇ؟
ياكى دۈشمەنلىرىڭ ئۈچ ئايغىچە سېنى قوغلاپ، سەن ئۇلاردىن
قاچامسەن؟ ۋە ياكى ئۈچ كۈنگىچە زېمىنىڭدا ۋابا تارقالسۇنمۇ؟
ئەمدى سەن ئويلاپ، بىر نېمە دېگىن، مەن مېنى ئەۋەتكۈچىگە
نېمە دەپ جاۋاپ بېرەي؟» — دېدى.
14 داۋۇت گادقا: مەن تولىمۇ تەڭلىكتە قالدىم! سەندىن ئۆتۈنەيكى،
بىز پەرۋەردىگارنىڭ قولىغا چۈشەيلى؛ چۈنكى ئۇنىڭ رەھىمدىللىقى

---

10:24 **«داۋۇت خەلقنىڭ سانىنى ئالغاندىن كېيىن، ۋىجدانى ئازابلاندى... تولىمۇ ئەخمەقانىلىك قىپتىمەن، دېدى»** — «خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش» دېگەن گۇناھ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

زوردۇر؛ ئىنسانلارنىڭ قولىغا پەقەت چۈشۈپ قالمىغايمەن! ــ دېدى.
15 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئەتىگەندىن تارتىپ بېكىتىلگەن ۋاقىتقىچە ۋابا چۈشۈردى. داندىن تارتىپ بەئەر-شېباغىچە يەتمىش مىڭ ئادەم ئۆلدى. 16 ئەمدى پەرىشتە قولىنى يېرۇسالېمغا ئۇزۇتۇپ شەھەرنى ھالاك قىلاي دېگەندە، پەرۋەردىگار ئېغىر ھۆكۈمىدىن پۇشايمان قىلىپ، خەلقنى ھالاك قىلىۋاتقان پەرىشتىگە: ئەمدى بولدى قىلغىن؛ قولۇڭنى يىغقىن، ــ دېدى. ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يەبۇسىي ئاراۋناھنىڭ خامىنىنىڭ يېنىدا ئىدى.
17 داۋۇت خەلقنى يوقىتىۋاتقان پەرىشتىنى كۆرگەندە پەرۋەردىگارغا: مانا، گۇناھ قىلغان مەن، قەبىھلىك قىلغۇچى مەندۇرمەن. لېكىن بۇ قويلار بولسا نېمە قىلدى؟ سېنىڭ قولۇڭ مېنىڭ ئۈستۈمگە ۋە ئاتامنىڭ جەمەتىنىڭ ئۈستىگە چۈشسۇن! ــ دېدى.

## داۋۇت خامانىنى سېتىۋېلىپ قۇربانگاھ قۇرىدۇ

18 شۇ كۈنى گاد داۋۇتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: بېرىپ يەبۇسىي ئاراۋناھنىڭ خامىنىغا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانگاھ ياسىغىن، دېدى.
19 داۋۇت گادنىڭ سۆزى بويىچە پەرۋەردىگار بۇيرۇغاندەك قىلدى.
20 ئاراۋناھ قاراپ پادىشاھ بىلەن خىزمەتكارلارنىڭ ئۆز تەرىپىگە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئالدىغا چىقىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈزىنى يەرگە تەككۈزۈپ، تەزىم قىلدى. 21 ئاراۋناھ: غوجام پادىشاھ نېمە ئىش بىلەن قۇللىرىنىڭ ئالدىغا كەلدىلىكىن؟ ــ دەپ سورىدى. داۋۇت: خەلقنىڭ ئارىسىدا ۋابانى توختىتىش ئۈچۈن، بۇ خامانىنى سەندىن سېتىۋېلىپ، بۇ يەردە پەرۋەردىگارغا بىر قۇربانگاھ ياسىغىلى كەلدىم، ــ دېدى.

---

16:24 **«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»** ــ بۇ ئالاھىدە شەخس توغرۇلۇق بىزنىڭ «تەبىرلەر»ىمىزنى كۆرۈڭ.
17:24 **«لېكىن بۇ قويلار بولسا نېمە قىلدى؟»** ــ «بۇ قويلار» خۇدانىڭ خەلقىنى كۆرسىتىدۇ

22 ئاراۋناھ داۋۇتقا: غوجام پادىشاھ ئۆزلىرى نېمىنى خالىسىلا شۇنى ئېلىپ قۇربانلىق قىلسىلا. مانا بۇ يەردە كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن كالىلار بار، ئوتۇن قىلىشقا خامان تېپىدىغان تىرنىلار بىلەن كالىلارنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرى بار. 23 ئى پادىشاھ، بۇنىڭ ھەممىسىنى مەنكى ئاراۋناھ پادىشاھقا تەقدىم قىلاي، دېدى. ئۇ يەنە پادىشاھقا: پەرۋەردىگار خۇدالىرى سىلىنى قوبۇل قىلىپ شەپقەت كۆرسەتكەي، دېدى.
24 پادىشاھ ئاراۋناھغا: ياق، قانداقلا بولمىسۇن بۇلارنى سەندىن ئۆز نەرخىدە سېتىۋالمىسام بولمايدۇ. مەن بەدەل تۆلىمەي پەرۋەردىگار خۇدايىمغا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى ھەرگىز سۇنمايمەن، ـ دېدى. ئاندىن داۋۇت خامان بىلەن كالىلارنى ئەللىك شەكەل كۈمۈشكە سېتىۋالدى.
25 ئاندىن داۋۇت ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا بىر قۇربانگاھ ياساپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بىلەن ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى قىلدى. پەرۋەردىگار زېمىن ئۈچۈن قىلغان دۇئالارنى قوبۇل قىلىپ، ۋابا ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا توختىدى.

---

24:24 **«ئەللىك شەكەل»** ــ بەلكىم 600 گرام ئەتراپىدا ئىدى.

# قوشۇمچە سۆز

## خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ بۇلاپ كېتىلىشى
## («1سام.» 4-7-باب)

فىلىستىيلەر ئىسرائىلنىڭ زېمىنىغا پات-پات تاجاۋۇز قىلغىنىدەك، ئۇلار بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە قۇللارنى تۇتقۇن قىلىشقا ھۇجۇم باشلىغانىدى. شۇنداق «تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەلىرى» ئەسلىدە ئىسرائىللارنى ئۇزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدىسىگە بولغان ئاسىيلىقىغا نىسبەتەن ئويغىتىش بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئەسلىدە خۇدا ئىسرائىلنى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق: ــ ئەھدەمنى بۇزساڭلار، ئۇستۇڭلارغا جازالىرىم قەدەممۇقەدەم چۈشىدۇ، دەپ ئېنىق ئاگاھلاندۇرغانىدى. «تاجاۋۇز قىلىنىش» بولسا بۇ جازالارنىڭ بەش قەدىمىنىڭ بىرىنچىسى ئىدى. بۇ «بەش قەدەم» «لاۋىيلار» 46-14:26 ۋە «قانۇن شەرھى» 28-بابتا كۆرسىتىلىدۇ.

دېمەك، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇندىكى بېشارەتلەر بويىچە، خۇدا دۈشمەننى ئىسرائىللارغا تاجاۋۇز قىلىشقا يول قويسا، ئۇلار «خۇدا بىزنى جازالاشقا باشلىدى» دەپ بىلىشى كېرەك. شۇ چاغدا بۇ «تاجاۋۇز جازاسى» ئۇلارغا: «سىلەر يولۇمدىن چەتنەپ كەتتىڭلار، توۋا قىلمىساڭلار بۇ ئىش تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ» دېگەندەك بىر ئاگاھقا باراۋەر ئىدى. بىراق ئىسرائىللار بۇ قېتىمقى فىلىستىيلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئىبرەت ئېلىپ «نېمە گۇناھ قىلدۇق؟» دەپ ھېچ سوراپ باقمىدى. بۇنىڭ ئورنىغا نامەلۇم بىر كىشى خۇدادىن ھېچ يول سورىمايلا، قوشۇن تويلاپ فىلىستىيلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىشتى. دەسلەپتە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەندىن كېيىن، ئاقساقاللار ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن خەلقنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ «ئىخلاسمەنلىكى»نى كۆرسىتىپ، ئەھدە ساندۇقىنى ئۆز ئارىسىغا ئېلىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئىسرائىل خۇدانىڭ خەلقىغۇ؟! كاھىنلار چۆل-باياۋاندىن ۋە ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قانائان زېمىنىغا كىرىپ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەندە، خۇدا ئۆز خەلقى ئۈچۈن مۆجىزىلەر كۆرسەتكەن ئەمەسمىدى؟!

لېكىن هازىر ئۇلارنىڭ «ئەھدە ساندۇقى»نى ئېلىپ كېلىشى ئەمەلىيەتتە بولسا مەڭگۈلۈك ھايات خۇداغا تايىنىش ئەمەس، بەلكى خۇراپىيلىق ياكى پەقەت دىنىي بىر پائالىيەتتىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىڭ: ــ «بىز پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قىشىمىزغا ئېلىپ كېلەيلى؛ ئۇ بىزنى قۇتقۇزىدۇ». قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئادەمنى قۇتقۇزالايدىغان ھېچقانداق بىر «ئۇ» يوقتۇر (دېمەك، خۇدانىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ياكى ئادەم قۇتقۇزغۇچى بولالمايدۇ). بەزى ۋاقىتلاردا خۇدا ئۆز خەلقىگە نىجاتنى بىلدۈرىدىغان سىمۋوللارنى ياكى ئۆزىنىڭ ھازىر بولۇشىغا ئىسپاتلارنى بېرىشنى لايىق كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەرگىز خەلقىنىڭ بۇ سىمۋوللار ياكى ئىسپاتلارنى بىرەر سېھىرگەرلىك ئەسۋابلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا يول قويمايدۇ. قەلبىمىزنىڭ تۇۋىسىزلىقى، كۆپلىگەن گۇناھ ھەم ناپاكلىقلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ۋە ئۇلاردا چېك تۇرۇپ، خۇدادىن ياردەم تىلەش ئۇنىڭغا نىمىدېگەن ھاقارەتلىك-ھە! ۋە شۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپ، ئادەمنىڭ قولى ياسىغان بىر ئوبيېكت، بىر نەرسىنى قولغا ئېلىپ: «بۇ ... بىزنى قۇتقۇزىدۇ» دېيىش خۇداغا تېخىمۇ ھاقارەت بولىدۇ. بۇنداق قىلىش سېھىرگەرلىك ۋە خۇراپىيلىقتۇر، خالاس. لېكىن شۇنچە كۆپ كىشىلەر «بۇ بىزنى قۇتقۇزىدۇ!» دەپ ئويلاپ، تىلتۇمار ياكى ھەتتا «كرېست»نى تاقىشىدۇ! بۇ ئېتىقاد ئەمەس، خۇراپىيلىقتۇر. قەلبىمىز خۇدانىڭ مەسىھدە بولغان نىجاتى بىلەن پاكلانمىغان بولسا، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان قانداقتۇر بىر نەرسە ياكى سىمۋول بىزنى شەيتاننىڭ قىلتاقلىرىدىن ياكى جىنلارنىڭ ئالدامچىلىقىدىن قوغدايدۇ، دەپ ئويلىساق، ئۇ بىھۇدىلىكتۇر. ئەكسىچە بىز مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ھەممىگە قادىرنىڭ دوستلۇقى ۋە ئالاقىسىدە بولساق، بىز ھېچقانداق «تىلتۇمار» ياكى باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە كېرەك بولمايمىز (خۇدا تەۋراتتا بۇنداق نەرسىلەرنى تاقاشنى ئېنىق مەنئى قىلدۇ).

ئەمەلىيەتتە فىلىستىيلەرنىڭ ئاددىي جاسارىتى ئىسرائىلنىڭ خۇراپىيلىقىغا تەنبىھ بېرىشكە چامى يېتەتتى: «ئى فىلىستىيلەر، ئۆزلىرىڭلارنى جەسۇر كۆرسىتىپ ئەركەكتەك تۇرۇڭلار» (9:4).

جەڭنىڭ نەتىجىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشى تۇرغان گەپ ئىدى ــ ئىسرائىل پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىقى قىممەتلىك ئەھدە ساندۇقى بۇتپەرەسلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ نېمىدېگەن خورلۇق! نېمىدېگەن شەرمەندىلىك! شۈبھىسىزكى، فىلىستىيلەر: ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزغا ئوخشاشتۇر، لېكىن ئىلاھلىرىمىزدىن ئاجىزدۇر!» ــ دەپ ئويلايتتى.

ئەمما شۇ ئىش ئىنتايىن ئاجايىبكى، خۇدا ئۆزىنىڭ سۆز-ۋەدىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەل قىلىشنى ئۆز ئابروي-ئىناۋىتىنى ئەتىۋارلاشتىن كۆپ يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ؛ ئۆزىنىڭ دائىم پاك-مۇقەددەسلىكتە ئىش كۆرۈشىنى ئىشلىرىنىڭ «توغرا دەپ ئىسپاتلىنىش»ىدىن كۆپ يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ، شۈبھىسىزكى، «زەبۇر» 2:138دىكى ئايەت: «سەن پۈتۈن نام-شۆھرىتىڭدىنمۇ ۋەدەڭدە تۇرۇشنى ئۇلۇغ قىلغانسەن»نىڭ سىرلىق مەنىسىدۇر.

مانا خۇدانىڭ بۇ يولى ئىنسانىنىڭ ئىنتىلىشلىرىنىڭ دەل ئەكسىدۇر. كۆپىمىز دائىم سەمىمىي بولۇشقا، ۋەدىدە تۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى ئابروي-ئىناۋەتكە كۆپ كۆڭۈل بۆلىمىز. ئىش-ئەھۋاللارنىڭ ئەينىيىتىگە ئەمەس، بەلكى قىياپەت-كۆرۈنۈشىگە شۇنچە كۆڭۈل قويىمىز.

ھالبۇكى، خۇدانىڭ نام-شۆھرىتىگە كەلسەك، ھېچكىمدە گۇمان بولماسلىقى كېرەككى، ئاخىر بېرىپ، خۇدانىڭ بارلىق قىلغانلىرىدا ئۇنىڭ ھەم پۈتۈنلەي ھەققانىي ھەم پۈتۈنلەي ئادىل بولغانلىقى ئېنىق ئىسپاتلىنىدۇ. ۋە خۇداغا تەشەككۇر، ئۇنىڭغا تايىنىپ سەمىمىي ۋە ۋاپادار بولۇشنى ئابروي-ئىناۋەتتىن يۇقىرى قويغان كىشىلەر بولسا، ئاخىر بېرىپ خۇدا ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى توغرا ۋە ئادىل دەپ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ــ بۇ دۇنيادا بولمىسا، ئۇ دۇنيادا ھەممە ئىشتىن ھېساب تاپشۇرغاندا، شۇنداق بولىدۇ.

ئەسلىدە ئىسرائىل فىلىستىيلەرگە خۇداغا ھەقىقىي ئىتائەت قىلىش جەھەتتە ئۈلگە بولسا ياخشى بولاتتى! شۇنىڭ بىلەن فىلىستىيلەر ئۇلار ئارقىلىق خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى، شان-شەرىپى ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان بىر خەلققە بولغان بەرىكىتىنى كۆرگەن بولاتتى. تولىمۇ ئەپسۇس، ئىسرائىل شۇنداق بولمىدى! ئەمما ئۆز خەلقى ئۆزىگە مەيلى سادىق بولسۇن، مەيلى ۋاپاسىز بولسۇن، خۇدا بەربىر ئۆزى

ئۇچۇن ئىنسانىيەتكە دائىم گۇۋاھلىق كەلتۈرىدۇ. فىلىستىيەلەرمۇ پەرۋەردىگارنى «ئۆز بۇتىمىزدىن تۆۋەن تۇرىدۇ» دېگەن خاتالىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ «تەربىيە جازاسى»نى كۆرۈپ، ئىبرەت ئېلىش كېرەك.

خۇدانىڭ فىلىستىيەلەرگە يەتكۈزگەن تەدرىجىي تەربىيە-ساۋاقلىرىنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلساق، بىزگىمۇ ياخشى تەربىيە-ساۋاق بولىدۇ. جازالىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا بىراقلا چۈشمەيدۇ. ئۇ ئۇلارغا رەھىم كۆرسىتىپ (خۇدا ئۇلارنىڭ بۇتپەرەس بىر خەلق ئىكەنلىكى بىلگەچ)، ئاۋۋال پەقەت ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدىغان بالايىئاپەتلەرنى بىر-بىرلەپ چۈشۈرىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ مەبۇدى داگون ئەھدەساندۇقى ئالدىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ. فىلىستىيەلەردەك خۇراپىيلىقنى تۇتقان، ئۆزلىرىنىڭ بۇتىنى «ھەقىقەتەن بىر ھايات نەرسە» دەپ ئىشەنگەن بۇنداق بىر ئەل ئۇچۇن، بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئاللىقاچان ئېنىق بىر ئاگاھ بولۇشى كېرەك ئىدى! لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن ئاگاھ ئالماي، مەبۇدىنى قايتىدىن ئۆز جايىغا قويىدۇ! ئەتىسى ئەتىگەندە داگوننىڭ پارە-پارە چېقىلغانلىقىنى بايقايدۇ! ئەمما ئۇلار تېخىچە ھېچقانداق خۇلاسىگە كەلمەيدۇ. قانداقتۇر بىر خىل ھۆررەك ۋاباسى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەۋج ئالىدۇ (بەزى تەرجىمانلار بۇنى «گېموررويى» ياكى «بوۋاسىر» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. لېكىن گەرچە بوۋاسىر بولغان ھەممە ئادەمگە مەلۇم بولغىنىدەك، بوۋاسىر ئادەمنى كۆپ قىيىنىسىمۇ، ئۇ ئادەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرمەيدۇ؛ لېكىن بۇ ۋابا ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. فىلىستىيەلەر ئەھدە ساندۇقىنى قايتۇرۇپ ئاپىرىۋېتىشكە ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ يېنىغا «ئالتۇن چاشقان»لارنى قويغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ ۋابا چاشقانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، بۇ ۋابا چاشقانلار ئارقىلىق يۇقتۇرۇلىدىغان، ئادەمگە كۆپ قورقۇنچلۇق ھۆررەكلەرنى چىقىرىدىغان «چۇما» دېگەن كېسەل بولۇشى مۇمكىن (4:6نى كۆرۈڭ)).

ۋەقەنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرى ئۈستىدە ئانچە توختالمايمىز، پەقەت ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى شۇنىڭغا تارتقۇمىز باركى، خۇدانىڭ بۇ دۇنيادا بىزگە ئۇچرايدىغان «تەربىيىلىك جازالىرى» ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىزگە كۆرسىتىدىغان رەھىمدىللىقى ۋە مۇلايىملىقى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار نەزىرىمىزنى ئاخىرقى ھۆكۈم-جازانىڭ جەزمەن كېلىشىگە تارتىدۇ. بۇ جازا ھەرقانداق «ھۆررەكلىك ۋابا»دىن دەھشەتلىك بولىدۇ.

ئۇنداق ئاگاھلار ياكى «تەربىيىلىك جازالار» ھەر ئادەمگە ياكى ھەرقايسى ئەل-مىللەتلەرگە باشقا-باشقا يوللار بىلەن كېلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىردۇر، يەنى بىزنىڭ ئاخىرەتتە ھالاك بولماي، بەلكى توۋا قىلىپ خۇدانى ھاياتىمىزدا تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇشىمىزدىن ئىبارەتتۇر. فىلىستىيلەر ئاخىر بېرىپ بۇ ئاگاھنى قوبۇل قىلىپ، بۇنداق جىسمانىي جازا توختىسۇن دەپ، ئەھدە ساندۇقىنى قايتۇرۇپ ئاپىرىۋېتىدۇ. بۇ ئىش ياخشى باشلىنىش ئىدى، لېكىن ئۇلار كېيىن ئاخىرەت توغرۇلۇق ئويلىدىمۇ-يوق بىلمەيمىز. بىز بولساقچۇ؟

## «ھاكىملىق» ۋە «پادىشاھلىق»نىڭ پەرقلىرى

(1) «باتۇر ھاكىملار» دەۋرىدىكى ھاكىملار بولسا ھەردائىم خەلق ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى بولغانىدى. «ھاكىملار»نىڭ دەۋرىدە، ھەربىر قەبىلىدە ئادەتتىكى ئىشلار ئاقساقاللار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. بەلكىم ھەربىر قەبىلىدە دائىم بىرنەچچە ئاقساقال بولاتتى. «ھاكىم» بولسا ھەر يىلى ئىسرائىل زېمىنىنى ئايلىنىپ مۇرەككەپ دەۋا-ئەرزلەر ياكى مەسىلىلەرنى ئاڭلايتتى («1سام.» 16:7نى كۆرۈڭ). قەبىلىلەر ئارىسىدا جېدەل پەيدا بولسا، ھاكىمنىڭ بىتەرەپ ھۆكۈم چىقىرىش ۋەزىپىسى بار ئىدى؛ دۈشمەنلەر تاجاۋۇز قىلغاندا ھاكىم يېتەكچىلىك قىلىش ۋە بەلكىم پەيغەمبەرلىك كۆرسەتمىلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقاتتى. گەرچە ئىسرائىل كىچىككىنە بىر ئەل بولغىنى بىلەن، ئوقۇرمەن تەۋراتتىكى «باتۇر ھاكىملار» دېگەن كىتاب ئارقىلىق، خۇدانىڭ «باتۇر ھاكىملار»نى ۋاستە قىلىپ، ئىسرائىلغا «ئارقىدا تۇرۇپ ۋاستىلىك يېتەكچى» بولۇپ، ئۇلارغا ئەھدىسى بويىچە ھەردائىم باشپاناھ بولغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. ھالقىلىق ئىش ھاكىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قابىلىيەتلىرى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خەلقنىڭ خۇدا ئالدىدا كەمتەرلىك بىلەن يۈرۈپ، بىر-بىرىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ھەممە ئۆزلىرىنى ھەرقانداق بۇتپەرەسلىك ياكى خۇراپىيلىقتىن نېرى تۇتۇشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىسرائىلنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئوچۇق تۇرغانلىقى ياخشى ئىش — چۈنكى دەل شۇ تۈپەيلىدىن خۇدا ئۆز دانالىقى ۋە قۇدرىتىنى بۇتلارغا ئىشەنگەن ئەللەرگە كۆرسىتەلەيتتى — پەقەت ئۆز خەلقى ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىغان بولسىلا!

(2) پادىشاھ بولسا، خەلقتىن ئايرىم تۇرىدىغان ۋە ئۇلاردىن يۇقىرى ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ دائىم ۋەزىر-ۋۇزىرلار ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمىرلەرنى ئەتراپىغا يىغىپ يۈرۈشى كېرەك ۋە باشقا پادىشاھلار ياكى ئەلچىلەرنى كۈتۈش ھەمدە «ئەلنىڭ شەرىپى»نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك «رەسمىي ئوردا»سى بولۇشى كېرەك ئىدى؛ ھوقۇق بىر يەرگە مەركەزلىشىشى كېرەك. ئوردىدىكىلەر ۋە مۇنتىزىم قوشۇننى قۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھ باج-ئالۋان سالىدىغان تۈزۈمنىمۇ يۈرگۈزۈشى كېرەك. «ھاكىم»غا بولسا بارغان يېرىدە تۇرغان ۋاقتىدا پەقەت ئاددىي قونالغۇ ۋە يېمەك-ئىچمەكلا كۇپايە بولىدۇ. ھاكىم «ئاقساقاللار ئارىسىدىكى ئاقساقال» ئىدى. پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ئاقساقاللارنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولغىنى بىلەن، چىرىكلىككە ئازدۇرۇلۇش پۇرسىتىمۇ كۆپ بولىدۇ. پادىشاھ كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا تەييار تۇرۇشى ئۈچۈن خەزىنىگە ھاجىتى چۈشەتتى؛ ئاندىن خەزىنىنى قوغداش ئۈچۈن قەلئە ياكى قورغان ۋە قاراۋۇللار كېرەك ئىدى.

(3) پادىشاھلىق بولسا ئادەتتە سۇلالە تۈزۈمى بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ. پادىشاھ ھوقۇقىنى ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرىگە، بەلكىم چوڭىغا تاپشۇرىدۇ. كېيىنكى يېتەكچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، خۇدانى ئىزدەپ ئۇنىڭدىن سورىشىنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ؛ بارلىق ئىشلار پادىشاھنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

شۇ سەۋەبلەردىن سامۇئىل خەلقنىڭ پادىشاھ تىكلەش تەلىپىگە قارشى چىقىدۇ؛ خۇدامۇ ئۆز نارازىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، خۇدا سامۇئىلغا خەلقنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. خەلققە بىر پادىشاھ (سائۇل) تىكلەپ بېرىلىدۇ. سائۇلنىڭ پادىشاھلىقى ئاۋۋال ئىشەنچ ۋە كەمتەرلىك بىلەن ياخشى باشلىنىدۇ، ئەمما كېيىن خۇدا ئۇنىڭ ئىتائەتسىزلىكى ۋە ئىشەنچسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنى چەتكە قاقىدۇ.

ياقۇپ پەيغەمبەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇللىرىغا خۇدا ئىسرائىلغا يەھۇدا قەبىلىسى ئىچىدىن پادىشاھ بېكىتىپ تىكلەيدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مەسىھ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەپ بېشارەت بېرىدۇ: —

«يەھۇدادىن پادىشاھلىق شاھانە ھاسىسى،
ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدارە قىلغۇچىنىڭ ھوقۇقلۇق تايىقى،
تاكى «شىلوھ» (مەنىسى، «ھوقۇق ئۇنىڭكىدۇر») كەلگۈچە كەتمەيدۇ،

ئاندىن پۈتكۈل خەلقلەر ئۇنىڭغىلا ئىتائەت قىلىدۇ» («يار.» 10:49).

تەۋراتتىكى «قانۇن شەرھى» دېگەن كىتابتا مۇسا پەيغەمبەرمۇ شۇنىڭغا بېشارەت قىلىدۇكى، ئىسرائىلنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم بىر پادىشاھى بولىدۇ (17-باب، 14-20-ئايەت) ۋە پادىشاھ يەھۇدادىن چىقىدۇ (7:33). ئەمدى ئىسرائىل پادىشاھ تەلەپ قىلغاندا خۇدا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن تۇرسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ پادىشاھلىق توغرىسىدىكى ئەسلى ۋەدىلىرىنىڭ نېمە مەقسىتى بار ئىدى؟

بۇ مەسىلە توغرۇلۇق بىز پادىشاھلىقنىڭ تولۇق تارىخى خاتىرىلەنگەن «پادىشاھلار» دېگەن كىتابنىڭ «قوشۇمچە سۆز»ىدە تەپسىلىيراق توختالماقچىمىز.

## داۋۇتنىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ بىلەن مۇناسىۋىتى

### (1) «داۋۇتنىڭ ئۆيى» («2سام.» 7:8-17)

خۇدانىڭ داۋۇتقا «ئۆي» توغرۇلۇق قىلغان ۋەدىسىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى. داۋۇت ئەسلىدە خۇدا ئۈچۈن بىر ئۆي سالماقچى بولغان نىيىتىنى ئىپتىقان، لېكىن خۇدا بۇنىڭغا جاۋابەن ئەكسىچە «ياق، مەن سەن ئۈچۈن بىر ئۆي سالىمەن؛ سېنىڭ ئوغلۇڭ بولسا مەن ئۈچۈن ئۆي سالىدۇ» دەيدۇ (ناتان پەيغەمبەر ئارقىلىق): —

«ئەمدى قۇلۇم داۋۇتقا مۇنداق دېگىن: — ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار: — سېنى خەلقىم ئىسرائىلغا باشلامچى قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن سېنى يايلاقلاردىن، قوي بېقىشتىن ئېلىپ كەلدىم، — دەيدۇ. — ۋە مەيلى قەيەرگە بارمىغىن، مەن ھامان سېنىڭ بىلەن بىللە بولدۇم ۋە سېنىڭ ئالدىڭدىن بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى يوقىتىپ كەلدىم؛ يەر يۈزىدىكى ئۇلۇغلار نام-شۆھرەتكە ئىگە بولغاندەك سېنى ئۇلۇغ نام-شۆھرەتكە سازاۋەر قىلدىم. مەن خەلقىم بولغان ئىسرائىلغا بىر جاينى بېكىتىپ، ئۇلارنى شۇ يەردە تىكىپ ئۆستۈرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز زېمىنىدا تۇرىدىغان، پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمايدىغان بولىدۇ. رەزىللەر دەسلەپتىدىكىدەك، شۇنداقلا مەن خەلقىم ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھاكىملارنى تەيىنلىگەن كۈنلەردىكىدەك، ئۇلارغا قايتىدىن زۇلۇم سالمايدۇ. مەن

ھازىر ساڭا ھەممە دۈشمەنلىرىڭدىن ئارام بەردىم. ئەمدى مەنكى پەرۋەردىگار ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن سېنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆينى قۇرۇپ بېرىمەن!» ــ دەيدۇ.

كۈنلىرىڭ توشۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلەن ئۆلۈمدە ئۇخلىغىنىڭدا، مەن ئۆز پۇشتىڭدىن بولغان نەسلىڭنى سېنىڭ ئورنۇڭدا تۇرغۇزۇپ، پادىشاھلىقىنى مەزمۇت قىلىمەن. مېنىڭ نامىم ئۈچۈن بىر ئۆينى ياسىغۇچى ئۇ بولىدۇ، ۋە مەن ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى ئەبەدگىچە مۇستەھكەم قىلىمەن. مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قەبىھلىك قىلسا، ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ تايىقى بىلەن ۋە ئادەم باللىرىنىڭ ساۋاق-دۈمبالاشلىرى بىلەن تەربىيە بېرىمەن. ئەمما مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆرۈۋەتكەن سائۇلدىن مېھىر-شەپقىتىمنى جۇدا قىلغىنىمدەك، ئۇنىڭدىن مېھىر-شەپقىتىمنى جۇدا قىلمايمەن. شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئۆيۈڭ ۋە سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ ئالدىڭدا ھەمىشە مەزمۇت قىلىنىدۇ؛ تەختىڭ ئەبەدگىچە مەزمۇت تۇرغۇزۇلىدۇ».

ناتان بۇ بارلىق سۆزلەر ۋە بارلىق ۋەھيىنى ھېچنېمە قالدۇرماي، داۋۇتقا ئېيتىپ بەردى» (7:8-17).

خۇدانىڭ داۋۇت ئۈچۈن ئېيتقان سۆزى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرۇشى توغرۇلۇق ئىدى. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئىسرائىل شۇنى چۈشەندىكى: (1) بېشارەت سۇلايماننىڭ ئىشلىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ (2) ھالبۇكى، كەلگۈسىدە بېشارەتنىڭ داۋۇتنىڭ نەسلى مەسىھ ئارقىلىق تېخىمۇ ئۇلۇغ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بولىدۇ؛ ئۇ تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ شەرەپلىك مەڭگۈلۈك ئىبادەتخانا قۇرىدۇ. «ھاگاي»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە «ئىبادەتخانا» توغرۇلۇق توختالغىنىمىزنى ھەمدە «پادىشاھلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە سۇلايمان بىلەن مەسىھنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق توختالغىنىمىزنى كۆرۈڭ.

## (2) داۋۇتنىڭ كۈيى («2سام.» 22-باب)

دىققەت بىلەن بۇ كۈينى («زەبۇر» 18-كۈيدىمۇ خاتىرىلەنگەن) ئوقۇساق، ئۇنىڭدا داۋۇتنىڭ ئۆز دەۋرىدىن ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن: ــ

«قىينالغىنىمدا مەن پەرۋەردىگارغا نىدا قىلدىم،
خۇدايىمغا پەرياد كۆتۈردۈم؛
ئۇ ئىبادەتخانىسىدىن ئاۋازىمنى ئاڭلىدى،
مېنىڭ پەريادىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى.
ئاندىن يەر-زېمىن تەۋرەپ سىلكىنىپ كەتتى،
ئاسمانلارنىڭ ئۇللىرى دەھشەتلىك تەۋرەندى، سىلكىنىپ كەتتى؛
چۈنكى ئۇ غەزەپلەندى.
ئۇنىڭ دىمىغىدىن ئىس ئۆرلەپ تۇراتتى،
ئاغزىدىن چىققان ئوت ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى؛
ئۇنىڭدىن كۆمۈر چوغلىرى چىقتى؛
ئۇ ئاسمانلارنى ئېگىشتۈرۈپ ئېگىپ چۈشتى،
پۇتى ئاستىدا تۇم قاراڭغۇلۇق ئىدى» (7-10).

بۇ كۈچلۈك جاۋاب، داۋۇتنىڭ دۇئالىرىغا بولغان ھەرقانداق جاۋابلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك بىر جاۋابنى كۆرسىتىدۇ؛ شۈبھىسىزكى، ئۇ خۇدانىڭ مەسىھنىڭ دەھشەتلىك كىرېستلەنگەن ۋاقىتتىكى ئازابتىن كۆتۈرگەن نىداسىغا بولغان جاۋابىدۇر؛ چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا «گۇناھقا ھېچ تونۇش بولمىغان كىشىنى خۇدا بىزنى دەپ گۇناھنىڭ ئۆزى قىلدى؛ مەقسىتى شۇكى، بىزنىڭ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى بولۇشىمىز ئۈچۈندۇر» («2كور.» 5:18). بۇنىڭدىن ئازابلىق ياكى دەھشەتلىك ئىش بولماس.

«پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمغا قاراپ ماڭا ئىلتىپات كۆرسەتتى؛
قولۇمنىڭ ھالاللىقىنى ئۇ ماڭا قايتۇردى؛

چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ يوللىرىنى تۇتۇپ كەلدىم؛
رەزىللىك قىلىپ خۇدايىمدىن ئايرىلىپ كەتمىدىم» (21-22)

داۋۇت ئۆزى مۇكەممەل ئەمەس؛ بات-شېبانىڭ ئىشىدا ئۇ ئىنتايىن دەھشەتلىك گۇناھ قىلغانىدى. دۇنياغا كەلگەنلەر ئارىسىدا پەقەت بىرلا ئادەم مۇشۇنداق سەممىيلىك بىلەن دۇئا قىلالايتتى؛ ئۇ بولسا ھېچقانداق گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغان مەسىھ ئەيسا ئىدى.

«مەن دۈشمەنلىرىمنى قوغلاپ يوقاتتىم،
ئۇلار ھالاك بولمىغۇچە ھېچ يانمىدىم.
قايتا تۇرالمىغۇدەك قىلىپ،
ئۇلارنى ھالاك قىلىپ يانجىدىم،
ئۇلار پۇتلىرىم ئاستىدا يىقىلدى.
سەن جەڭ قىلىشقا كۈچ بىلەن بېلىمنى باغلىدىڭ؛
سەن ماڭا ھۇجۇم قىلغانلارنى پۈتۈم ئاستىدا ئېگىلدۈردۈڭ؛
دۈشمەنلىرىمنى ماڭا ئارقىنى قىلىپ قاچقۇزدۇڭ،
شۇنىڭ بىلەن مەن ماڭا ئۆچمەنلەرنى يوقاتتىم.
ئۇلار تەلمۈردى، بىراق قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى؛
ھەتتا پەرۋەردىگارغا قارىشىدى، ئۇمۇ ئۇلارغا جاۋاب بەرمىدى.
مەن ئۇلارنى سوقۇپ يەردىكى توپىدەك قىلىۋەتتىم؛
كوچىدىكى پاتقاقتەك مەن ئۇلارنى چەيلىۋەتتىم؛
ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن پىتىقدىۋەتتىم.
سەن مېنى خەلقىمنىڭ نىزالىرىدىن قۇتقۇزغانسەن؛
سەن مېنى ئەللەرنىڭ بېشى بولۇشقا ساقلىدىڭ؛
ماڭا يات بولغان بىر خەلق خىزمىتىمدە بولماقتا.
يات ئەلدىكىلەر ماڭا زەئىپلىشىپ تەسلىم بولىدۇ؛
ئاڭلىشى بىلەنلا ئۇلار ماڭا ئىتائەت قىلىدۇ؛
يات ئەلدىكىلەر چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ؛
ئۇلار ئۆز ئىستىھكاملىرىدىن تىترىگەن ھالدا چىقىپ كېلىدۇ» (38-46)

گەرچە خۇدا داۋۇتقا شەرەپلىك ھوقۇق ۋە سەلتەنەت، ھەتتا بەزى يات ئەللەر ئۈستىگىمۇ ھوقۇق بېغىشلىغان بولسىمۇ، ئۇ «سەن مېنى (بارلىق) ئەللەرنىڭ بېشى بولۇشقا ساقلىدىڭ» دېگەن بېشارەتنى ئۇنىڭدا ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بۇ بېشارەتلەر چوقۇم «ئۇلۇغ داۋۇتنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئوغلى» بولغان مەسىھ توغرۇلۇق ئېيتىلغان؛ ئۇ بىر كۈنى پۈتكۈل يەر يۈزى ئۈستىگە پادىشاھ بولىدۇ.

«پەرۋەردىگار ھاياتتۇر!
مېنىڭ قورام تېشىم مۇبارەكلەنسۇن؛
نىجاتىم بولغان قورام تاش خۇدا ئالىيدۇر، دەپ مەدھىيىلەنسۇن!
ئۇ، يەنى مەن ئۈچۈن تولۇق قىساس ئالغۇچى تەڭرى،
خەلقلەرنى ماڭا بويسۇندۇرغۇچىدۇر؛
ئۇ مېنى دۈشمەنلىرىم ئارىسىدىن چىقارغان؛
بەرھەق، سەن مېنى ماڭا ھۇجۇم قىلغانلاردىن يۇقىرى كۆتۈردۈڭ؛
زوراۋان ئادەمدىن سەن مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ.
مۇشۇ سەۋەبلىك مەن ئەللەر ئارىسىدا ساڭا تەشەككۇر ئوقۇيمەن، ئى پەرۋەردىگار؛
نامىڭنى ئۇلۇغلاپ كۈيلەرنى ئېيتىمەن» (47-50).

روسۇل پاۋلۇس بىزگە «رىم.» 9:15دە كۆرسىتىدۇكى، بۇ ئاخىرقى ئايەتتە مەسىھ سۆز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ؛ دېمەك، مەسىھ بۇ ئايەتتە مۇقەددەس روھ ئارقىلىق پۈتكۈل جامائەتكە، جۈملىدىن ئۆزى چاقىرغان «ئەللەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر)گە خۇدانىڭ ئاتىلىق ماھىيىتىنى ئايان قىلىدۇ.

## (3) داۋۇتنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشى ۋە چەتكە قېقىلىشى

داۋۇتنىڭ تارىخى ئاجايىب. گەرچە ئۇ خۇدا ئالدىدا ئىسرائىلنىڭ ھەقىقىي پادىشاھى بولسىمۇ، ئۇ سائۇل تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان ۋە ھەتتا ئۆز خەلقى تەرىپىدىن ساتقۇنلۇق قىلىنغان (مەسىلەن «1سام.» 12:23نى كۆرۈڭ). شۇنداق بولسىمۇ،

ئۇ ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلغان، ئۇلارغا شاپائەت كۆرسەتكەن، ھەمدە كېيىن ئازابتىن كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىر بىرىپ خەلقى تەرىپىدىن پادىشاھ دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزى مەسىھنىڭ ھاياتىغا بىشارەت بىرىپ «بېشارەتلىك رەسىم» بولىدۇ. مەسىھ گەرچە خۇدا ئالدىدا ئىسرائىلنىڭ ھەقىقىي پادىشاھى بولسىمۇ (مەسىلەن، «مات.» 1:1-11)، ئۆز خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ «پادىشاھى» تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى، پادىشاھ تەرىپىدىن قوغلىنىپ قاچقۇن بولدى؛ گەرچە شۇنداق بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇلارغا دائىم مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىپ، ئۇلار ئۈچۈن كەچۈرۈم تىلىدى («لۇقا» 34:23)؛ ئاندىن ئازابتىن كۆتۈرۈلدى. ئاخىرقى زامانلاردا ئىشىنىمىزكى، يەھۇدىي خەلقى ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، ھەقىقىي پادىشاھ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ.

شۇڭا بىز داۋۇتنىڭ پادىشاھلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ پادىشاھلىقىنى كەلگۈسى ئىشلارنى، بولۇپمۇ مەسىھنىڭ پادىشاھلىقىنى سۈپەتلەيدىغان بىشارەتلىك رەسىم بولۇشقا خۇدا تەرىپىدىن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندى، دەپ ئىشىنىمىز.

## «خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش» نېمىشقا گۇناھ ھېسابلاندى؟ («سامۇئىل» 24-باب)

مۇسا پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا، خۇدا ئۇنىڭغا خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق ئومۇمىي كۆرسەتمىلەرنى تاپشۇرغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردا خەلق ئۆز جېنى ئۈچۈن «ھاياتلىق تۆلەم پۇلى»، يەنى ھەربىر ئادەم ئۆزى ئۈچۈن يېرىم شەكەل تۆلىشى كېرەك ئىدى. بۇ «ھاياتلىق پۇلى» مۇقەددەس چېدىرنىڭ ئىبادەت خىزمىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. گەرچە «خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش» خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان بولسىمۇ، ھەركىم ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن قىلچە چىققان بولسا، بۇ ساناق خەتەرلىك بولاتتى، دەپ بايقايمىز. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆرۈڭ: —

«سەن ئىسرائىللارنىڭ نوپۇسىنى تەكشۈرگەن ۋاقتىڭدا، رويخەتكە ئېلىنغان ھەربىر ئەر ئۆزلىرىنىڭ بالا-قازادىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، مەن — پەرۋەردىگارغا ھاياتلىق تۆلەم پۇلى تاپشۇرسۇن» («مىس.» 12:30).

كېيىن، خۇدا يەنە ئىككى قېتىم مۇسا پەيغەمبەرگە چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈۋاتقان ئىسرائىل خەلقىنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. بىرىنچى قېتىملىقى ئىسرائىللار

چۆل-باياۋاننى كېزىش سەپىرىنىڭ بېشىدا بولغان. بۇ ساناق ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنگەندى ــ بىرىنچى باسقۇچتا ئىسرائىلنىڭ نوپۇسىدىن يىگىرمە ياشتىن ئاشقان ئەركەكلەر («چۆل.» 1:1-46دە خاتىرىلەنگەن)، ئىككىنچى باسقۇچتا بىر ئايلىقتىن ئاشقان ئەركەكلەر سانالغانىدى («چۆل.» 3:15-51). ئىككىنچى قېتىملىق ساناق چۆل-باياۋاننى كېزىش سەپىرىنىڭ ئاخىرىدا بولغان. بۇ «چۆل.» 26-بابتا خاتىرىلىنىدۇ. ئاخىرقى قېتىمقى ساناشنىڭ مەقسىتى، خۇدا ئىسرائىلغا ۋەدە قىلغان پەلەستىندىكى زېمىننى ئۇلارنىڭ قەبىلە-جەمەتلىرىنىڭ سانلىرىغا ئاساسەن، ئۇلارغا ئادىل تەقسىم قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ ئىككى قېتىملىق ساناشتىن باشقا، تولۇق مۇقەددەس كىتابنىڭ ھېچ يېرىدە، خۇدانىڭ ئىسرائىلنىڭ نوپۇسىنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق ئەمرىنى تاپالمايمىز. «2سام.» 24-باب ۋە «1تار.» 21-بابتا خاتىرىلەنگەن داۋۇتنىڭ ساناقتىن ئۆتكۈزۈشى روشەنكى، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىدى.

كېيىنكى دەۋرلەردە ئامازىيا ئىسىملىك بىر پادىشاھ خەلقنى بىر قېتىم ساناقتىن ئۆتكۈزدى («2تار.» 5:25). شۇ چاغدا ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنىغا خۇدا تەرىپىدىن تەنبىھ بېرىلمىگەن؛ ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرمەسلىكنىڭ سەۋەبى، بەلكىم شۇ ۋاقىتلاردا ئامازىيا تاجاۋۇز قىلىنىش خەتىرىدە تۇرۇۋاتقانىدى. ھالبۇكى، بىر پەيغەمبەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سېنىڭ قوشۇنۇڭ ھەددىدىن ئارتۇق چوڭ، ئىسرائىل پادىشاھلىقىدىن كەلگەنلەرنى ئۆيلىرىگە قايتۇرغىن» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئامازىيا خۇدانىڭ بۇ سۆزىگە كىردى ۋە جەڭدە نۇسرەت قازاندى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش»كە بولمايدىغانلىقىغا مۇنداق ئىككى ياخشى سەۋەبنى كۆرەلەيمىز: ــ

(1) چۆلدىكى سەپەر ئىنقىلانغاندىن كېيىن، بۇ بەلكىم پادىشاھ ۋە خەلقنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىشىنىڭ ۋە پو ئېتىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن: «بىزنىڭ قانچە-قانچە مىڭ باتۇر ئەزىمەتىمىز بار...» دېگەندەك.

(2) ئىنسانلار قىيىنچىلىققا ئۇچراپ يار-يۆلەنچۈك ئىزدىگەن ۋاقىتلىرىدا دائىم دېگۈدەك كۆرۈنمەس خۇدانىڭ شاپائىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە ئەمەس، بەلكى كۆرۈنگەن مەلۇم كۈچلەرگە ئۈمىد باغلىشى مۇمكىن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، خۇدانىڭ بىزگە نىسبەتەن ئىرادىسى شۇكى، كەلگۈسىدىكى كۆپ ئىشلارنى بىلمىگەن ياكى

چۈشەنمىگەن ئەھۋالدا، خۇدانىڭ ئۆزىگە تايانىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر؛ باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزى بىزنى ئۇنىڭغىلا تايانسۇن دەپ بۇ بىلمەسلىك ۋە چۈشەنمەسلىكنى بېكىتكەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پالچى-رەمچىلەردىن يول سوراش گۇناھدۇر؛ چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە خۇدانى: «سەن ماڭا كۆرسەتكەن خەۋەر يېتەرلىك بولمىدى، مەن سەندىن باشقا بىر روھىي كۈچتىن ئىزدىشىم كېرەك» دەپ ھاقارەتلىگەنگە باراۋەردۇر. شۇڭا، كۆپ ئەھۋاللاردا جامائەتنىڭ سانلىرى ياكى ئەمەلىي كۈچىمىزنى بىلمەسلىكىمىزگە توغرا كېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئۆتكەن ئۆمرىمىزدە، «مېنىڭ جامائىتىمدە ئىنتايىن كۆپ ئادەم بار» دەپ پو ئاتىدىغان تەلىم بەرگۈچىلەرنى ياكى جامائەتتىكىلەرنى كۆپ كۆرگەنمىز. خۇدا بىرسىنىڭ ئۆز خەلقىنى بىرخىل پو ئاتىدىغان ستاتىستىكا قىلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىدا ئىنتايىن قىممەتلىك ئەزىز شەخستۇر؛ كىمدەكىم ئۇلارغا باشقىچە قارىسا ياكى مۇئامىلە قىلسا، شۇ ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي!

# تەۋرات 11- ۋە 12-قىسىم

# «پادىشاھلار»

## بىرىنچى قىسمى («پادىشاھلار (1)»)

## كىرىش سۆز («1- ۋە 2-قىسىم»غا)

### كىتابنىڭ مەقسىتى ـ خۇدانىڭ ئەھدىسىدە مۇتلەق تۇرىدىغانلىقىنى ئايان قىلىش

ئۇشبۇ كىتابنىڭ بەتلىرىدە خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان سادىقلىقى، ئەھدىدىكى بارلىق ۋەدىلىرىدە مۇتلەق تۇرىدىغانلىقى روشەن ئايان قىلىنىدۇ. بۇ سادىقلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈنىدۇ: —

(ئا) ئۇنىڭ ئۇلار ئۆزىگە ئىتائەت قىلغاندا، ئۇلارنى مول بەرىكەتلىشى بىلەن؛

(ئە) ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەندە، ئۇلارنىڭ بېشىغا قەدەممۇقەددەم تەربىيە جازالىرىنى چۈشۈرۈشى بىلەن؛

(پ) ئۇلار توۋا قىلغاندا، رەھىم-شەپقەتنى كۆرسىتىشى ۋە گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشى بىلەن.

«پادىشاھلار»نى پۈتۈن مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات-ئىنجىل)نىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغىنىمىزدا يۇقىرىقى بۇ ئۈچ جەھەتتىن يەنە بىر جەھەت كۆرۈنىدۇ: —

(ب) خۇدانىڭ تولۇق نىجاتى بولمىسا، ئىنسانىنىڭ تۈپ تارىخى ئەخلاق ۋە روھىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتكە (گەرچە ئۇلار ھەتتا خۇدانىڭ ئۆز قانۇنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يوليورۇقلىرىغا مۇيەسسەر بولسىمۇ)، ئەخلاق ۋە روھىي جەھەتتىكى گۇناھلارغا پەيدىنپەي چۆكۈپ كېتىدىغان يۈنىلىشكە ماڭىدۇ. بۇنداق تارىخلار، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتكارغا بولغان مۇتلەق موھتاجلىقىمۇ «پادىشاھلار» دېگەن قىسىمدا روشەن كۆرۈنىدۇ.

«پادىشاھلار» دېگەن كىتاب «سامۇئىل»نىڭ داۋامىدۇر. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، «پادىشاھلار» دېگەن كىتاب «سامۇئىل» دېگەن تارىخقا ئوخشاش، خۇدانىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قاراتقان نىجاتلىق پىلانىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىنىڭ قىسمەن خاتىرىسىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ جەريان قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى مەنزىل قىلغان.

بۇ تارىخلار خاتىرىلىگەن مەزگىل تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 975-660-يىللاردىن ئىبارەت. مۇھىم ۋەقەلەر داۋۇت پادىشاھنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، سۇلايمان پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئۇلۇغ باشلىنىشى ۋە كېيىنكى چۈشكۈنلىششى، ئىسرائىلنىڭ ئىككى پادىشاھلىققا، يەنى «يەھۇدا» (جەنۇبىي پادىشاھلىق، ئىككى قەبىلە) ۋە «ئىسرائىل» (شىمالىي پادىشاھلىق، ئون قەبىلە) گە بۆلۈنۈشى، ئاندىن ئىككى پادىشاھلىقلارنىڭ ئايرىم تارىخلىرى خاتىرىلىنىدۇ؛ تارىخ ئاخىر بېرىپ ئىسرائىلنىڭ ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن بولۇشى ۋە يەھۇدانىڭ بابىل ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن بولۇشى بىلەن تۈگەيدۇ. بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن مەزگىل 400 يىل بولغاچقا، ئۇلارنى خاتىرىلىگەن كاتىپلار بىرنەچچە بولغان بولسا كېرەك (تارىخىي جەدۋەلنىمۇ كۆرۈڭ).

بۇ تارىخلارنى يازغان نامسىز جۇرئەتلىك كاتىپلار نېمىشقا ئۇلارنى پۈتكەن؟ خۇدا ئىسرائىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چەكسىز بەخت-بەرىكىتى، بولۇپمۇ داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولغان مەسىھ ئارقىلىق نىجاتنىڭ شاپائىتى پۈتكۈل دۇنياغا كېلىدۇ، دېگەن ۋەدىلەرنى قىلغانىدى. بىزدە ھېچقانداق گۇمان يوقكى، بۇ كاتىپلار خۇدانىڭ بۇ ۋەدىلىرىنى چىڭ تۇتقان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىسرائىلدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا سەلبىي جەھەتتىكى ۋەقەلەرگىمۇ ۋەزىيەتنى ئالەمشۇمۇل نىجاتقا قاراپ ئىلگىرىلىتىۋاتىدۇ دەپ ئىشىنىپ، ئۇلارغا دائىم زور قىزىقىش بىلەن

نەزەر سالاتتى. ئۇلار بۇ ۋەقەلەرنى شۇ ئىشەنچتە خاتىرلەيدۇ؛ گەرچە ئۇلار ئۆزلىرى ئۇشبۇ ۋەقەلەردە خۇدانىڭ نىجات مۇددىئا-مەقسەتلىرىنىڭ قانداق يول بىلەن ئالغا باستۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەر بۇنى كۆرەلەيدۇ، دېگەن ئىشەنچ بىلەن تارىخلارنى توپلىغان («مات.» 17:13نى كۆرۈڭ). شۇنىڭدەك ئۇلار خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنىڭ تولىمۇ سادىقلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنىنى ئېنىق كۆرگۈچىلەر ئىدى. ئەھدە بويىچە ئىسرائىل كۆرگەن غەلىبىلەر، مەغلۇبىيەتلەر، دۇچ كەلگەن سىناقلار ۋە قىيىنچىلىقلار دەل ئۇلارنىڭ خۇداغا بولغان ۋاپالىقى ياكى ۋاپاسىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ كاتىپلار بۇ ئىشلارنى ئوبدان چۈشەندى ۋە خۇدانىڭ روھىنىڭ ۋەھيىي ۋە كۆرسەتمىسى بىلەن بىزگە مەدەت-ئىلھام بولسۇن دەپ، ئۇشبۇ تارىخلارنى يازغان. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بۇ «خۇدانىڭ ئەھدىسى ۋە ئىسرائىلنىڭ تارىخى» دېگەن تېما ئۈستىدە يەنە ئازراق توختىلىمىز.

نېمىشقا يۇقىرىدا بۇ ئادەملەرنى «جۈرئەتلىك» دېدۇق؟ ئوقۇرمەنلەر ئۆزى ئوقۇغان باشقا «دۆلەت تارىخلىرى» توغرۇلۇق ئويلىسىلا، ئاندىن بۇ نۇقتىنى چۈشىنىدۇ. بىز سورايمىزكى، بۇنداق خاتىرىلەر مەزكۇر دۆلەتتىكى «سەلبىي تارىخ» (ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقى، جەڭدە بولغان مەغلۇبىيەتلەر، چىرىكلىشىش مەسىلىلىرى، ئەل-يۇرتنىڭ ئۆز گۇناھلىرى)نى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ ئۇلار دەرۋەقە بىر خىل ــ «خەلقىمىزنىڭ شان-شەرەپلىك تارىخنامىلىرى» دېگەندەك غەلىبىلەر، مۇۋەپپەقىيەت ۋە پەزىلەتلىك باتۇرلۇق بىلەن تولدۇرۇلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ يازغىنى ھەقىقەتمۇ؟ بارلىق ئەقىل ئىگىسى بۇ ھەقىقەت ئەمەس، دەپ بىلىدۇ. ئىنساننىڭ تەبىئىتى بىرىنچىدىن، ئۆز ئەل-يۇرتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرنى ۋە گۇناھلارنى يېپىش، ئىككىنچىدىن، ھەربىر دەۋردىكى ھەربىر تۈركۈم ھۆكۈمدارلار ئۆزىنىڭ «ئوردىسىدىكى تارىخچىلار»دىن پەقەت خۇشامەت-يالاقچىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ؛ كۆپ ۋاقىتلاردا ئازغىنە تەنقىد سۆزىنىڭ كۆرۈلۈشى بىلەن تارىخنى يازغۇچىلارنىڭ كاللىسى كېتىدۇ. لېكىن مۇقەددەس كىتابتىكى تارىخچىلار پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىدۇر. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ ئۆز ئەل-يۇرتى ۋە ئەل-يۇرتىنىڭ پادىشاھ-ھۆكۈمرانلىرى توغرۇلۇق خاتىرىلىگەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى «سەلبىي تارىخ» دېگىلى بولىدۇ. بۇ پاكىت مۇقەددەس كىتابنىڭ خۇدانىڭ ئىلھامى ۋە ۋەھيىي بىلەن يېزىلغان دۇنيادا

بىردىنبىر كىتاب ئىكەنلىكىگە ئاددىي ئەمما كۈچلۈك ئىسپاتتۇر.

ئەمدى بۇ كاتىپلار كىملەر؟ ئۇلار نامسىز تارىخچىلاردۇر. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بىزگە ئۆزىمىزنىڭكى بولغان «نىجات تارىخى»نىڭ مۇشۇ خاتىرىسىنى سادىقلىق بىلەن ھەقىقىي خاتىرىلەپ تەمىنلىگىنى ئۈچۈن ئۇلارغا مەڭگۈلۈك قەرزدارمىز. خۇداغا مىڭ تەشەككۇر!

گەرچە كۆپ «مۇقەددەس كىتاب» نۇسخىلىرىدا «پادىشاھلار» دائىم ئىككى كىتاب قىلىپ («پادىشاھلار (1)» ۋە «پادىشاھلار (2)») نەشر قىلىنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «پادىشاھلار» ئەسلىدە ئىبرانىي تىلىدا بىرلا كىتاب ئىدى. لېكىن بىز ئۇلارنى يەنىلا «پادىشاھلار (بىرىنچى قىسىم)» ۋە «پادىشاھلار (ئىككىنچى قىسىم)» دەپ ئاتىدۇق. ئىخچام بولسۇن ئۈچۈن «پادىشاھلار (1)» ۋە «پادىشاھلار (2)» دەپ ئاتايمىز. بۇ كىرىش سۆز «پادىشاھلار (1)» ۋە «پادىشاھلار (2)»گە ئورتاقتۇر.

## مەزمۇن: ـ

«پادىشاھلار – بىرىنچى قىسمى»

1-2 باب – داۋۇتنىڭ ئۆلۈمى

3-10 باب – سۇلايماننىڭ ئۇلۇغ سەلتەنىتى

11-باب – سۇلايماننىڭ چۈشكۈنلىشىشى

12-14 باب – رەھوبوئام ۋە يەروبوئام – ئىسرائىل ئىككى پادىشاھلىققا بۆلۈنىدۇ

15-16 باب – يەھۇدادا ئابىيا ۋە ئاسا، ئىسرائىلدا بائاشا ۋە ئومرى پادىشاھ بولىدۇ

17-19 باب – ئىلىياس پەيغەمبەرنىڭ تارىخى ـ ئۇنىڭ ئاسماندىن ئوت چۈشۈرۈشى

20-22 باب – ئاھابنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، رەزىللىكى، ئۆلۈمى

«پادىشاھلار – ئىككىنچى قىسمى»

1-2-باب – ئىلىياس پەيغەمبەرنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى

3-7 باب – ئېلىشا پەيغەمبەر ياراتقان نۇرغۇن مۆجىزىلەر

8-10 باب – ھازائەل ۋە يەھۇنىڭ ئىسرائىلنى جازالاش ئۈچۈن مەسىھ قىلىنىشى

11-16 باب – ئىسرائىل ۋە يەھۇدانىڭ بىرنەچچە پادىشاھلىرى

17-باب – ئىسرائىلدىكى ئون قەبىلە سۈرگۈن بولۇشى

18-20 باب – ھەزەكىيانىڭ ئۇلۇغ سەلتەنىتى

21-23 باب – ماناسسەھنىڭ رەزىل سەلتەنىتى، يوسىيانىڭ ئادىل سەلتەنىتى

24-25 باب – يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، يەھۇدانىڭ بابىلونغا سۈرگۈن بولۇشى

# پادىشاھلار «1»

## داۋۇت پادىشاھ ئوغلى سۇلايماننى ئۆز ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ

1 [1] داۋۇت پادىشاھ خېلى ياشىنىپ قالغانىدى؛ ئۇنى يوتقان-ئەديال
بىلەن يېپىشمۇ، ئۇ ئىسسىمايتتى.
[2] خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا: ــ غوجام پادىشاھ ئۆزلىرى ئۈچۈن،
ئالدىلىرىدا تۇرىدىغان بىر پاك قىز تاپقۇزايلى؛ ئۇ پادىشاھنىڭ
خەۋەر ئېلىپ، سىلىنىڭ قۇچاقلىرىدا ياتسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن غوجام
پادىشاھ ئىسسىيلا ــ دېدى.
[3] ئۇلار پۈتكۈل ئىسرائىل زېمىنىنى كېزىپ گۈزەل بىر قىزنى
ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىرى شۇناملىق ئابىشاگنى تېپىپ پادىشاھنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. [4] قىز ئىنتايىن گۈزەل ئىدى؛ ئۇ پادىشاھنىڭ
خەۋەر ئېلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى، ئەمما پادىشاھ ئۇنىڭغا
يېقىنچىلىق قىلمايتتى.
[5] ئەمما ھاگگىتنىڭ ئوغلى ئادونىيا مەرتىۋىسىنى كۆتۈرمەكچى
بولۇپ: «مەن پادىشاھ بولىمەن» دېدى. ئۇ ئۆزىگە جەڭ ھارۋىلىرى
بىلەن ئاتلىقلارنى ۋە ئالدىدا يۈرىدىغان ئەللىك ئەسكەرنى تەييار
قىلدى [6] (ئۇنىڭ ئاتىسى ھېچقاچان: «نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟»
دەپ، ئۇنىڭغا تەنبىھ-تەربىيە بېرىپمۇ باقمىغانىدى ھەم ئۇ ناھايىتى

---

3:1 **«شۇناملىق ئابىشاگ»** ــ ياكى «شۇنەملىك ئابىشاگ».
4:1 **«پادىشاھ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلمايتتى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «پادىشاھ ئۇنى تونۇمايتتى» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
5:1 **«ھاگگىتنىڭ ئوغلى ئادونىيا»** ــ ئادونىيا داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى. ھاگگىت داۋۇتنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى ئىدى («2سام.» 4:3) **«ئۆز ئالدىدا يۈرىدىغان... ئەسكەرلەر»** ــ دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۇھاپىزەتچىلىرى ئىدى.
**5:1** 2سام. 1:15

كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئانىسى ئۇنى ئابشالومدىن كېيىن
تۇغقانىدى). [7] ئۇ زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئاب ۋە كاھىن ئابىياتار
بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ تۇردى. ئۇلار بولسا ئادونىياغا ئەگىشىپ
ئۇنىڭغا ياردەم بېرەتتى. [8] لېكىن كاھىن زادوك ۋە يەھويادانىڭ ئوغلى
بىنايا، ناتان پەيغەمبەر، شىمەي، رەي ۋە داۋۇتنىڭ ئۆز پالۋانلىرى
ئادونىياغا ئەگەشمىدى.

[9] ئادونىيا قوي، كالا ۋە بوردىغان تورپاقلارنى ئەن-روگەلنىڭ يېنىدىكى
زوھەلەت دېگەن تاشتا سويدۇرۇپ، ھەممە ئاكا-ئۇكىلىرىنى، يەنى
پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغان
ھەممە يەھۇدالارنى چاقىردى. [10] لېكىن ناتان پەيغەمبەر، بىنايا،
پالۋانلار ۋە ئۆز ئىنىسى سۇلايماننى ئۇ چاقىرمىدى.

[11] ناتان بولسا سۇلايماننىڭ ئانىسى بات-شېباغا: ــ «ئاڭلىمىدىڭمۇ؟
ھاگگىتنىڭ ئوغلى ئادونىيا پادىشاھ بولدى، لېكىن غوجىمىز
داۋۇت ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز. [12] ئەمدى مانا، ئۆز جېنىڭ ۋە ئوغلۇڭ
سۇلايماننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇشقا مېنىڭ ساڭا بىر مەسلىھەت
بېرىشىمگە ئىجازەت بەرگەيسەن. [13] داۋۇت پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ
ئۇنىڭغا: ــ غوجام پادىشاھ ئۆزلىرى قەسەم قىلىپ ئۆز كەمىنىلىرىگە
ۋەدە قىلىپ: «سېنىڭ ئوغلۇڭ سۇلايمان مەندىن كېيىن پادىشاھ
بولۇپ تەختىمدە ئولتۇرىدۇ» دېگەن ئەمەسمىدىله؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق
نېمىشقا ئادونىيا پادىشاھ بولىدۇ؟ ــ دېگىن. [14] مانا، پادىشاھ بىلەن

6:1 **«ئۇنىڭ ئانىسى ... ئۇنىڭغا ، يەنى ئادونىياغا تەنبىھ-تەربىيە بېرىپمۇ باقمىغانىدى ھەم ئۇ ... كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئانىسى ئۇنى ئابشالومدىن كېيىن تۇغقانىدى»** ــ ئابشالوم داۋۇتنىڭ يەنە بىر ئايالى مائاكاھدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى. ئادونىيا داۋۇتنىڭ تۆتىنچى ئوغلى بولۇپ، شۇ چاغدا بەلكىم داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسدا «چوڭى» ھېسابلىناتتى. (15:2نى كۆرۈڭ). ئادونىيا بەلكىم ئانىسى تەرىپىدىن ئەركە چوڭ قىلىنغانلىقى ھەم ئۆزىنىڭ كېلىشكەنلىكىدىن شۇنداق مەغرۇرلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

**6:1** 1تار. 2:3

**7:1** 1پاد. 22:2، 28

**9:1** **«ئەن-روگەل»** ــ بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم «روگەلنىڭ بۇلىقى» ياكى «پاك قىزنىڭ بۇلىقى».

**9:1** يە. 7:15؛ 16:18

سۆزلىشىپ تۇرغىنىڭدا، مەنمۇ سىنىڭ كەينىڭدىن كىرىپ سۆزۈڭنى
ئىسپاتلايمەن، ــ دېدى.
15 بات-شېبا ئىچكىرى ئۆيگە پادىشاھنىڭ قېشىغا كىردى (پادىشاھ
تولىمۇ قېرىپ كەتكەنىدى، شۇناملىق ئابىشاگ پادىشاھنىڭ
خىزمىتىدە بولۇۋاتاتتى). 16 بات-شېبا پادىشاھقا ئېگىلىپ تەزىم
قىلدى. پادىشاھ: ــ نېمە تەلىپىڭ بار؟ ــ دەپ سورىدى.
17 ئۇ ئۇنىڭغا: ــ ئى غوجام، سىلى پەرۋەردىگار خۇدالىرى بىلەن ئۆز
دېدەكلىرىگە: «سېنىڭ ئوغلۇڭ سۇلايمان مەندىن كېيىن پادىشاھ
بولۇپ تەختىمدە ئولتۇرىدۇ» دەپ قەسەم قىلغانىدىلا. 18 ئەمدى
مانا، ئادونىيا پادىشاھ بولدى! لېكىن ئى غوجام پادىشاھ، سىلىنىڭ
ئۇنىڭدىن خەۋەرلىرى يوق. 19 ئۇ كۆپ كالىلارنى، بورداق تورپاقلار بىلەن
قويلارنى سويدۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى، ئابىياتار
كاھىننى ۋە قوشۇننىڭ سەردارى يوئابنى چاقىردى. لېكىن قۇللىرى
سۇلايماننى ئۇ چاقىرمىدى. 20 ئەمدى، ئى غوجام پادىشاھ، پۈتكۈل
ئىسرائىلنىڭ كۆزلىرى سىلىگە تىكىلمەكتە، ئۇلار غوجام پادىشاھنىڭ
ئۆزلىرىدىن كېيىن تەختلىرىدە كىمنىڭ ئولتۇرىدىغانلىقى
توغرىسىدا ئۇلارغا خەۋەر بېرىشلىرىنى كۈتۈشۈۋاتىدۇ؛ 21 بىر قارارغا
كەلمىسىلە، غوجام پادىشاھ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن بىللە ئۇخلاشقا
كەتكەندىن كېيىن، مەن بىلەن ئوغلۇم سۇلايمان گۇناھكار سانىلىپ
قالارمىزمىكىن، ــ دېدى.
22 مانا، ئۇ تېخى پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغىنىدا ناتان
پەيغەمبەرمۇ كىرىپ كەلدى. 23 ئۇلار پادىشاھقا: ــ ناتان پەيغەمبەر
كەلدى، دەپ خەۋەر بەردى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپلا، يۈزىنى
يەرگە يېقىپ تۇرۇپ پادىشاھقا تەزىم قىلدى.
24 ناتان: ــ ئى غوجام پادىشاھ، سىلى ئادونىيا مەندىن كېيىن پادىشاھ
بولۇپ مېنىڭ تەختىمدە ئولتۇرىدۇ، دەپ ئېيتقانىدىلىمۇ؟ 25 چۈنكى ئۇ
بۈگۈن چۈشۈپ، كۆپ بۇقا، بورداق تورپاقلار بىلەن قويلارنى سويدۇرۇپ،
پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى، قوشۇننىڭ سەردارلىرىنى، ئابىياتار

**كاھىننى چاقىردى؛ ۋە مانا، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا يەپ-ئىچىپ:**
**«ياشىسۇن پادىشاھ ئادونىيا!» ــ دەپ توۋلاشماقتا. [26] لېكىن قۇللىرى**
**بولغان مېنى، زادوك كاھىننى، يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايانى ۋە**
**قۇللىرى بولغان سۇلايماننى ئۇ چاقىرمىدى. [27] غوجام پادىشاھ كىمنىڭ**
**ئۆزلىرىدىن كېيىن غوجام پادىشاھنىڭ تەختىدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى**
**ئۆز قۇللىرىغا ئۇقتۇرماي ئۇ ئىشنى بۇيرۇدىلىمۇ؟ ــ دېدى.**
**[28] داۋۇت پادىشاھ: ــ بات-شېبانى ئالدىمغا قىچقىرىڭلار، دېدى. ئۇ**
**پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇردى. [29] پادىشاھ بولسا:**
**ــ جېنىمنى ھەممە قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزغان پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى**
**بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، [30] مەن ئەسلىدە ئىسرائىلنىڭ خۇداسى**
**پەرۋەردىگار بىلەن ساڭا قەسەم قىلىپ: «سېنىڭ ئوغلۇڭ سۇلايمان**
**مەندىن كېيىن پادىشاھ بولۇپ ئورنۇمدا مېنىڭ تەختىمدە ئولتۇرىدۇ»**
**دەپ ئېيتقىنىمدەك، بۈگۈنكى كۈندە مەن بۇ ئىشنى چوقۇم ۋۇجۇدقا**
**چىقىرىمەن، ــ دېدى.**
**[31] ۋە بات-شېبا يۈزىنى يەرگە يېقىپ تۇرۇپ پادىشاھقا تەزىم قىلىپ: ــ**
**غوجام داۋۇت پادىشاھ ئەبەدىي ياشىسۇن! ــ دېدى.**
**[32] داۋۇت پادىشاھ: ــ زادوك كاھىننى، ناتان پەيغەمبەرنى، يەھويادانىڭ**
**ئوغلى بىنايانى ئالدىمغا چاقىرىڭلار، دېدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ**
**ئالدىغا كەلدى.**
**[33] پادىشاھ ئۇلارغا: ــ غوجاڭلارنىڭ خىزمەتكارلىرىنى ئۆزۈڭلارغا**
**قوشۇپ، سۇلايماننى ئۆز قېچىرىمغا مىندۈرۈپ، گىھونغا ئېلىپ**
**بېرىڭلار؛ [34] ئۇ يەردە زادوك كاھىن بىلەن ناتان پەيغەمبەر ئۇنى**
**ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلسۇن. ئاندىن**
**كاناي چېلىپ: ــ سۇلايمان پادىشاھ ياشىسۇن! دەپ توۋلاڭلار.**

34:1 **«زادوك كاھىن بىلەن ناتان پەيغەمبەر ئۇنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلسۇن»** ــ «مەسىھ قىلىش»: ــ خۇدانىڭ يولیورۇقى بىلەن ئىسرائىلغا يېڭى بىر پادىشاھ بېكىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا كاھىن ياكى پەيغەمبەر تەرىپىدىن زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ مۇراسىم «مەسىھ قىلىش» ياكى «مەسىھلەش» دېيىلگەن. شۇ مۇراسىمدىن كېيىن مۇشۇ پادىشاھ «خۇدانىڭ مەسىھ قىلغىنى» دەپ ئاتىلىپ، ھۆكۈم

35 ئاندىن ئۇ تەختىمدە ئولتۇرۇشقا بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ مېڭىڭلار؛ ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا پادىشاھ بولىدۇ؛ چۈنكى
مەن ئۇنى ئىسرائىل بىلەن يەھۇدانىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇشقا
تەيىنلىدىم، ــ دېدى.
36 يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: ــ ئامىن! غوجام
پادىشاھنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارمۇ شۇنداق بۇيرۇسۇن! 37 پەرۋەردىگار
غوجام پادىشاھ بىلەن بىللە بولغاندەك، سۇلايمان بىلەن بىللە بولۇپ،
ئۇنىڭ تەختىنى غوجام داۋۇت پادىشاھنىڭكىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ
قىلغاي! ــ دېدى.
38 زادوك كاھىن، ناتان پەيغەمبەر، يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا ۋە
كەرەتىيلەر بىلەن پەلەتىيلەر چۈشۈپ، سۇلايماننى داۋۇت پادىشاھنىڭ
قېچىرىغا مىندۈرۈپ، گىھونغا ئېلىپ باردى. 39 زادوك كاھىن ئىبادەت
چېدىرىدىن ماي بىلەن تولغان بىر مۈڭگۈزنى ئېلىپ، سۇلايماننى
مەسىھ قىلدى. ئاندىن ئۇلار كاناي چالدى. خەلقنىڭ ھەممىسى: ــ
سۇلايمان پادىشاھ ياشىسۇن! ــ دەپ توۋلاشتى.
40 خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، سۇناي چېلىپ زور
شادلىق بىلەن يەر يېرىلغۇدەك تەنتەنە قىلىشتى. 41 ئەمدى ئادونىيا
ۋە ئۇنىڭ بىلەن جەم بولغان مېھمانلار غىزالىنىپ چىققاندا، شۇنى
ئاڭلىدى. يوئاب كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا: ــ نېمىشقا شەھەردە
<u>شۇنچە قىيقاس-سۈرەن سېلىنىدۇ؟</u> ــ دەپ سورىدى. 42 ئۇ تېخى سۆزىنى

سۈرۈشكە خۇدانىڭ ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ قارىلاتتى. كاھىنلار ۋە بەزى ۋاقىتلاردا پەيغەمبەرنىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىگە بېكىتىش ئۈچۈن «مەسىھ قىلىنىش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى.

38:1 **«كەرەتىيلەر بىلەن پەلەتىيلەر»** ــ بۇلار بولسا داۋۇتنىڭ خۇسۇسىي مۇھاپىزەتچىلىرىدىن ئىدى («2سام.» 18:8نى كۆرۈڭ). كەرەتىيلەر ئەسلىدە كرىت ئارىلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

39:1 1سام. 24:20

40:1 **«خەلقنىڭ ھەممىسى ... سۇناي چېلىپ زور شادلىق بىلەن يەر يېرىلغۇدەك تەنتەنە قىلىشتى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «خەلقنىڭ ھەممىسى ... سۇناي چېلىپ زور شادلىق بىلەن تەنتەنە قىلىشىپ يەرنى يېرىۋەتتى». مۇمكىنچىلىكى باركى، يەر دەرۋەقە ئاۋازلار بىلەن يېرىلىپ كەتكەنىدى. مەسىھنىڭ كېلىشىدىمۇ چوڭ يەر تەۋرەش بولىدۇ («زەك.» 5:14، «ۋەھ.» 12:6، 18:16).

تۇگەتمەيلا، مانا ئابىياتار كاھىنىنىڭ ئوغلى يوناتان كەلدى. ئادونىيا
ئۇنىڭغا: ــ كىرگىن، قەيسەر ئادەمسەن، چوقۇم بىزگە خۇش خەۋەر
ئېلىپ كەلدىڭ، ــ دېدى.
43 يوناتان ئادونىياغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئۇنداق ئەمەس! غوجىمىز داۋۇت
پادىشاھ سۇلايماننى پادىشاھ قىلدى! 44 ۋە پادىشاھ ئۆزى ئۇنىڭغا
زادوك كاھىننى، ناتان پەيغەمبەرنى، يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايانى
ۋە كەرەتىيلەر بىلەن پەلەتىيلەرنى ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنى
پادىشاھنىڭ قېچىرىغا مىندۈردى؛ 45 ئاندىن زادوك كاھىن بىلەن
ناتان پەيغەمبەر ئۇنى پادىشاھ بولۇشقا گىھوندا مەسىھ قىلدى. ئۇلار
ئۇ يەردىن چىقىپ شادلىق قىلىپ، پۈتكۈل شەھەرنى قىيقاس-سۈرەن
بىلەن لەرزىگە سالدى. سىز ئاڭلاۋاتقان سادا دەل شۇدۇر. 46 ئۇنىڭ
ئۈستىگە سۇلايمان ھازىر پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ. 47
يەنە كېلىپ پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى كېلىپ غوجىمىز داۋۇت
پادىشاھقا: «خۇدالىرى سۇلايماننىڭ نامىنى سىلىنىڭكىدىن ئەۋزەل
قىلىپ، تەختىنى سىلىنىڭكىدىن ئۇلۇغ قىلغاي!» دەپ بەخت تىلەپ
مۇبارەكلەشكە كېلىشتى. پادىشاھ ئۆزى ياتقان ئورۇندا سەجدە قىلدى
48 ۋە پادىشاھ: ــ «بۈگۈن مېنىڭ تەختىمگە ئولتۇرغۇچى بىرسىنى
تەيىنلىگەن، ئۆز كۆزلىرىمگە شۇنى كۆرگۈزگەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگار مۇبارەكلەنسۇن!» ــ دېدى ــ دېدى.
49 شۇنى ئاڭلاپ ئادونىيانىڭ بارلىق مېھمانلىرى ھودۇقۇپ، ئورنىدىن
قوپۇپ ھەربىرى ئۆز يولىغا كەتتى. 50 ئادونىيا بولسا سۇلايماندىن
قورقۇپ، ئورنىدىن قوپۇپ، ئىبادەت چېدىرىغا بېرىپ قۇربانگاھنىڭ
مۈڭگۈزلىرىنى تۇتتى.
51 سۇلايمانغا شۇنداق خەۋەر بېرىلىپ: ــ «ئادونىيا سۇلايمان
پادىشاھتىن قورقىدۇ؛ چۈنكى مانا، ئۇ قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى

50:1 **«ئادونىيا ... سۇلايماندىن قورقۇپ، ... ئىبادەت چېدىرىغا بېرىپ قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى تۇتتى»** ــ شۇ چاغلاردا «قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى تۇتۇش» پادىشاھتىن ھىمايە تىلەشنى بىلدۈرۈشنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

تۇتۇپ تۇرۇپ: ــ «سۇلايمان پادىشاھ بۈگۈن ماڭا شۇنى قەسەم قىلسۇنكى، ئۇ ئۆز قۇلىنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە قىلغاي» دېدى»، ــ دېيىلدى.
52 سۇلايمان: ــ ئۇ دۇرۇس ئادەم بولسا بېشىدىن بىر تال چاچ يەرگە
چۈشمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا رەزىللىك تېپىلسا، ئۆلىدۇ، دېدى.
53 سۇلايمان پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى قۇربانگاھدىن ئېلىپ كەلدى.
ئۇ كېلىپ سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.
سۇلايمان ئۇنىڭغا: ــ ئۆز ئۆيۈڭگە كەتكىن، ــ دېدى.

## داۋۇت سۇلايمانغا ئاخىرقى نەسىھەتنى قىلىدۇ

2 [1] داۋۇتنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، ئوغلى سۇلايمانغا
تاپىلاپ مۇنداق دېدى: ــ
[2] «ئەمدى يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بارىدىغان يول بىلەن
كېتىمەن. يۈرەكلىك بولۇپ، ئەركەكتەك بولغىن! [3] سەن بارلىق
قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭدا ھەمدە بارلىق نىيەت قىلغان ئىشلىرىڭدا
راۋاج تېپىشىڭ ئۈچۈن مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇندا پۈتۈلگەندەك،
پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ يوللىرىدا مېڭىپ، ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرى،
ئۇنىڭ ئەمرلىرى، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىدا
چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى چىڭ تۇتقىن. [4] شۇنداق قىلغاندا
پەرۋەردىگار ماڭا: «ئەگەر ئەۋلادلىرىڭ ئۆز يولىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مېنىڭ
ئالدىمدا پۈتۈن قەلبى ۋە پۈتۈن جېنى بىلەن ھەقىقەتتە ماڭسا، ساڭا
ئەۋلادىڭدىن ئىسرائىلنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇشقا بىر زات كەم بولمايدۇ»
دەپ ئېيتقان سۆزىگە ئەمەل قىلىدۇ.

---

3:2 **«بارلىق نىيەت قىلغان ئىشلىرىڭدا...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «سەن قەيەرگە بۇرۇلساڭ،...» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**3:2** قان. 18:17؛ 9:29؛ يە. 7:1

**4:2** 2سام. 12:7؛ زەب. 12:132

⁵ ئەمما زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئابنىڭ ماڭا قىلغىنىنى، يەنى ئۇنىڭ
ئۆزى قانداق قىلىپ ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىدىكى ئىككى سەردارنى،
يەنى نېرىيانىڭ ئوغلى ئابنەر بىلەن يەتەرنىڭ ئوغلى ئاماسانى
ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، تىنچ مەزگىلدە جەڭدە تۆكۈلگەندەك قان تۆكۈپ،
بېلىگە باغلىغان كەمەرگە ۋە پۇتىغا كىيگەن كەشىگە جەڭدە
تۆكۈلگەندەك قان چېچىپ، داغ قىلغانلىقىنى بىلىسەن. ⁶ سەن
ئۇنى دانالىقىڭغا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئاق بېشىنىڭ
گۆرگە سالامەت چۈشۈشىگە يول قويمىغايسەن.
⁷ لېكىن گىلېئادلىق بارزىللاينىڭ ئوغۇللىرىغا مېھرىبانلىق
كۆرسىتىپ، داستىخىنىڭدىن نان يېگۈزگىن؛ چۈنكى مەن ئاكاڭ
ئابشالومدىن قاچقىنىمدا، ئۇلار يېنىمغا كېلىپ ماڭا شۇنداق
قىلغان.
⁸ ۋە مانا باھۇرىمدىن كەلگەن بىنيامىن قەبىلىسىدىن گېرانىڭ
ئوغلى شىمەي يېنىڭدا تۇرىدۇ. ئۇ مەن ماھانائىمغا بارىدىغاندا،
ئەشەددىي لەنەت بىلەن مېنى قارغىدى. كېيىن ئۇ ئىئوردان دەرياسىغا
بېرىپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە، مەن پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن
ئۇنىڭغا: «سېنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرمەيمەن» دەپ قەسەم قىلدىم.
⁹ ئەمما ھازىر ئۇنى گۇناھسىز دەپ سانىمىغىن. ئۆزۈڭ دانا كىشى
بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قانداق قىلىشنى بىلىسەن؛ ھەرھالدا
ئۇنىڭ ئاق بېشىنى قانىتىپ گۆرگە چۈشۈرگىن».

**5:2** 2سام. 3:27؛ 20:10

6:2 **«ئۇنىڭ ئاق بېشىنىڭ گۆرگە سالامەت چۈشۈشىگە يول قويمىغايسەن»** ــ مۇشۇ يەردە «گۆر» «تەھتىسارا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**7:2** 2سام. 17:27؛ 31:19

**8:2** 2سام. 16:5؛ 19:19

9:2 **«...ھەرھالدا ئۇنىڭ ئاق بېشىنى قانىتىپ گۆرگە چۈشۈرگىن»** ــ مۇشۇ يەردە «گۆر» «تەھتىسارا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. **«زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئاب... بىنيامىن قەبىلىسىدىن گېرانىڭ ئوغلى شىمەي»** ــ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ سۇلايمانغا دۈشمەن بولىدىغانلىقىغا داۋۇت پادىشاھنىڭ كۆزى يەتتى. ئەسلىدە ئۇ ئۇلارنى جازالاشقا توغرا كېلەتتى؛ بىراق ئۆزى ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن («2سام.» 11-باب) خىجالەتتە قېلىپ، قولى بۇ ئىشلارغا ھېچ بارمايتتى

10 داۋۇت ئۆز ئاتا-بوۋلىرى بىلەن بىر يەردە ئۇخلىدى. ئۇ «داۋۇتنىڭ شەھىرى» دېگەن جايدا دەپنە قىلىندى. 11 داۋۇتنىڭ ئىسرائىلغا سەلتەنەت قىلغان ۋاقتى قىرىق يىل ئىدى؛ ئۇ ھېبروندا يەتتە يىل سەلتەنەت قىلىپ، يېرۇسالېمدا ئوتتۇز ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى.

## سۇلايماننىڭ ئورنى مۇستەھكەملىنىدۇ

12 سۇلايمان ئاتىسى داۋۇتنىڭ تەختىدە ئولتۇردى؛ ئۇنىڭ سەلتەنىتى خېلى مۇستەھكەملەندى. 13 ئەمما ھاگگىتنىڭ ئوغلى ئادونىيا سۇلايماننىڭ ئانىسى بات-شېبانىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ئۇنىڭدىن:
— تىنچلىق مەقسىتىدە كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ: — شۇنداق، تىنچلىق مەقسىتىدە، دېدى.
14 ئۇ يەنە: — ساڭا بىر سۆزۈم بار ئىدى، دېدى. ئۇ: — سۆزۈڭنى ئېيتقىن، دېدى.
15 ئۇ: — بىلىسەنكى، پادىشاھلىق ئەسلىدە مېنىڭكى ئىدى، ۋە پۈتۈن ئىسرائىل مېنى پادىشاھ بولىدۇ دەپ، ماڭا قارايتتى. لېكىن پادىشاھلىق مەندىن كېتىپ، ئىنىمنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى؛ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇ ئۇنىڭكى بولدى. 16 ئەمدى ساڭا بىر ئىلتىماسىم بار. مېنى ياندۇرمىغىن، دېدى. ئۇ: — ئېيتقىن، دېدى.
17 ئۇ: — سەندىن ئۆتۈنىمەن، سۇلايمان پادىشاھقا مەن ئۈچۈن ئېيتقىنكى — چۈنكى ئۇ ساڭا ياق دېمەيدۇ! — ئۇ شۇناملىق ئابىشاگنى ماڭا خوتۇنلۇققا بەرسۇن، دېدى.
18 بات-شېبا: — ماقۇل؛ سەن ئۈچۈن پادىشاھقا سۆز قىلاي، دېدى.

---

10:2 **«داۋۇت ئۆز ئاتا-بوۋلىرى بىلەن بىر يەردە ئۇخلىدى»** — مۇشۇنداق ئىبارىلەر ئۈستىدە «يارىتىلىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز. **««داۋۇتنىڭ شەھىرى» دېگەن جاي»** — «داۋۇتنىڭ شەھىرى»: — زىئوننى، يەنى يېرۇسالېمدىكى ئېگىز دۆڭگە جايلاشقان، داۋۇت قۇرغان قەلئەنى كۆرسىتىدۇ.

**10:2** روس. 2:29؛ 36:13

**11:2** 1تار. 27:29

**12:2** 1تار. 23:29؛ 2تار. 1:1

**15:2** 1تار. 9:22؛ 5:28

19 بات-شېبا ئادونىيا ئۈچۈن سۆز قىلغىلى سۇلايمان پادىشاھنىڭ
ئالدىغا باردى. پادىشاھ قوپۇپ ئالدىغا بېرىپ، ئانىسىغا تەزىم قىلدى.
ئاندىن تەختىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئانىسىغا بىر تەختنى
كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، 20 ئۇنىڭغا: ــ
ساڭا كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار. مېنى ياندۇرمىغىن، دېدى.
پادىشاھ ئۇنىڭغا: ــ ئى ئانا، سوراۋەرگىن، مەن سېنى ياندۇرمايمەن،
دېدى.
21 ئۇ: ــ ئاكاڭ ئادونىياغا شۇناملىق ئابىشاگنى خوتۇنلۇققا بەرگۈزگىن،
دېدى.
22 سۇلايمان پادىشاھ جاۋاب بېرىپ ئانىسىغا: ــ نېمىشقا ئادونىيا
ئۈچۈن شۇناملىق ئابىشاگنى سورايسەن؟ ئۇ ئاكام بولغانىكەن، ئۇنىڭ
ئۈچۈن، ئابىياتار كاھىن ئۈچۈن ۋە زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئاب ئۈچۈن
پادىشاھلىقنىمۇ سورىمامسەن! ــ دېدى.
23 سۇلايمان پادىشاھ پەرۋەردىگار بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دېدى:
ــ ئادونىيا شۇ سۆزنى قىلغىنى ئۈچۈن ئۆلمىسە، خۇدا مېنى ئۇرسۇن
ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق جازالىسۇن! 24 مېنىڭ ئورنۇمنى مۇستەھكەم
قىلغان، ئاتامنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇزغان، ئۆز ۋەدىسى بويىچە ماڭا
بىر ئۆينى قۇرغان پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
ئادونىيا بۈگۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ، دېدى.
25 شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان پادىشاھ يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايانى بۇ
ئىشقا ئەۋەتتى؛ ئۇ ئۇنى چېپىپ ئۆلتۈردى.
26 پادىشاھ ئابىياتار كاھىنغا: ــ ماڭ، ئاناتوتتىكى ئۆز ئېتىزلىقىڭغا

---

22:2 **«نېمىشقا ئادونىيا ئۈچۈن شۇناملىق ئابىشاگنى سورايسەن؟ ئۇ ئاكام بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن، ... پادىشاھلىقنىمۇ سورىمامسەن!»** ــ مۇمكىنچىلىكى باركى، ئادونىيا ئاتىسىنىڭ كېنىزىكىنى ئەمرىگە ئالسا، خەلق ئۇنى ئاتىسىغا باراۋەر ئىكەن، شۇڭا پادىشاھ بولۇشقا لايىق دەپ قارايتتى. سۇلايماننىڭ كۆزلىرى بۇ ئىشقا يەتتى.

24:2 **«پەرۋەردىگار... ئۆز ۋەدىسى بويىچە ماڭا بىر ئۆينى قۇرغان...»** ــ «ئۆي» مۇشۇ يەردە سۇلايماندىن بولىدىغان شاھانە سۇلالىنى كۆرسىتىدۇ.

**24:2** 2سام. 12:7، 13

بارغىن. سەن ئۆلۈمگە لايىقسەن، لېكىن سەن رەب پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى ئاتام داۋۇتنىڭ ئالدىدا كۆتۈرگەنلىكىڭ تۈپەيلىدىن،
ۋە ئاتامنىڭ تارتقان ھەممە ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدە ئۇنىڭغا ھەمدەرد
بولغىنىڭ ئۈچۈن، مەن ھازىر سېنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايمەن،
دېدى.
[27] ئاندىن سۇلايمان ئابىياتارنى پەرۋەردىگارغا كاھىن بولۇشتىن جۇدا
قىلىپ ھەيدىدى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەلىنىڭ جەمەتى
توغرۇلۇق شىلوھدا ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.
[28] بۇنىڭ خەۋىرى يوئابقا يەتكەندە (چۈنكى يوئاب ئابشالومغا
ئەگەشمىگەن بولسىمۇ، ئادونىياغا ئەگەشكەنىدى) يوئاب
پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرىغا قېچىپ قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى
تۇتتى. [29] سۇلايمان پادىشاھقا: «مانا، يوئاب پەرۋەردىگارنىڭ
چېدىرىغا قېچىپ بېرىپ، قۇربانگاھنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ» دېگەن
خەۋەر يەتكۈزۈلدى. سۇلايمان يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايانى شۇ يەرگە
ئەۋەتىپ: ــ ماڭ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن، دېدى.
[30] بىنايا پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ــ «پادىشاھ
سېنى بۇياققا چىقسۇن!» دېدى، دېدى. ئۇ: ــ ياق، مۇشۇ يەردە ئۆلىمەن،
دېدى. بىنايا پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپ: ــ
يوئاب مۇنداق-مۇنداق دېدى، ماڭا شۇنداق جاۋاب بەردى، دېدى.
[31] پادىشاھ ئۇنىڭغا: ــ ئۇ ئۆزى دېگەندەك قىلىپ، ئۇنى چېپىپ
ئۆلتۈرگىن ۋە ئۇنى دەپنە قىلغىن. شۇنىڭ بىلەن يوئاب تۆككەن ناھەق
قان مەندىن ۋە ئاتامنىڭ جەمەتىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەي. [32] شۇنداق
قىلىپ ئاتام داۋۇت بىخەۋەر ئەھۋالدا ئۇ ئۆزىدىن ئادىل ۋە ئېسىل
ئىككى ئادەمنى، يەنى ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى نەرنىڭ

**26:2** 1سام. 20:22-23؛ 2سام. 24:15

27:2 **«پەرۋەردىگارنىڭ ئەلىنىڭ جەمەتى توغرۇلۇق شىلوھدا ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى»** ــ بۇ سۆز «1سام.» 2:27-36دە ۋە 3:11-14دە خاتىرىلەنگەن.

**27:2** 1سام. 2:31-36

**28:2** 1پاد. 1:50

ئوغلى ئابنەر بىلەن يەھۇدانىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى يەتەرنىڭ
ئوغلى ئاماسانى قىلىچلىغىنى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئۇ تۆككەن
قاننى ئۆز بېشىغا ياندۇرىدۇ. [33] ئۇلارنىڭ قېنى يوئابنىڭ بېشى ۋە
نەسلىنىڭ بېشىغا مەڭگۈ يانغاي؛ لېكىن داۋۇت، ئۇنىڭ نەسلى،
جەمەتى ۋە تەختىگە ئەبەدىلئەبەدگىچە پەرۋەردىگاردىن تىنچ-
خاتىرجەملىك بولغاي، دېدى.
[34] يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا چىقىپ ئۇنى چېپىپ، ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلدى. ئاندىن ئۇ چۆلدىكى ئۆز ئۆيىدە دەپنە قىلىندى.
[35] پادىشاھ يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايانى ئۇنىڭ ئورنىغا قوشۇنىنىڭ
سەردارى قىلدى؛ پادىشاھ ئابىياتارنىڭ ئورنىغا زادوكنى كاھىن
قىلىپ تەيىنلىدى.
[36] ئاندىن كېيىن پادىشاھ شىمەينى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ يېرۇسالېمدا
ئۆزۈڭگە بىر ئۆي سېلىپ ئۇ يەردە ئولتۇرغىن. باشقا ھېچ يەرگە چىقما.
[37] ئەگەر سەن چىقىپ كىدرون جىلغىسىدىن ئۆتسەڭ، شۇنى ئېنىق
بىلىپ قويكى، شۇ كۈندە سەن شەكسىز ئۆلىسەن. سېنىڭ قېنىڭ ئۆز
بېشىڭغا چۈشىدۇ، دېدى.
[38] شىمەي پادىشاھقا: ــ غوجامنىڭ سۆزى بەرھەقتۇر. غوجام پادىشاھ
ئېيتقاندەك قۇللىرى شۇنداق قىلىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن شىمەي
ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يېرۇسالېمدا تۇردى.
[39] ئۈچ يىلدىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، شىمەينىڭ قۇللىرىدىن
ئىككىسى قېچىپ مائاكاھنىڭ ئوغلى، گاتنىڭ پادىشاھى ئاقىشنىڭ
قېشىغا باردى. شىمەيگە: ــ مانا قۇللىرىڭ گات شەھىرىدە تۇرىدۇ،
دېگەن خەۋەر يەتكۈزۈلدى. [40] شىمەي ئېشىكىنى توقۇپ قۇللىرىنى
ئىزدىگىلى گاتقا، ئاقىشنىڭ يېنىغا باردى. ئاندىن ئۇ يېنىپ ئۆز
قۇللىرىنى گاتتىن ئېلىپ كەلدى.
[41] سۇلايمانغا: ــ شىمەي يېرۇسالېمدىن گاتقا بېرىپ كەلدى، دەپ
خەۋەر يەتكۈزۈلدى. [42] پادىشاھ شىمەينى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: ــ مەن

**35:2** 1سام. 35:2

سېنى پەرۋەردىگار بىلەن قەسەم قىلدۇرۇپ: ــ شۇنى ئېنىق بىلىپ
قويغىن، سەن قايسى كۈنى چىقىپ بىرەر يەرگە بارغان بولساڭ، سەن
شۇ كۈنىدە شەكسىز ئۆلىسەن، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتمىغانمىدىم؟
ئۆزۈڭمۇ، مەن ئاڭلىغان سۆز بەرھەق، دېگەنىدىڭغۇ؟ 43 شۇنداق
بولغانىكەن، نېمىشقا ئۆزۈڭ پەرۋەردىگار ئالدىدا قىلغان
قەسىمىڭنى بۇزۇپ، مەن ساڭا بۇيرۇغان بۇيرۇقۇمنىمۇ تۇتمىدىڭ؟
ــ دېدى.
44 پادىشاھ شىمەيگە يەنە: سەن ئاتام داۋۇتقا قىلغان ھەممە
رەزىللىكنى ئوبدان بىلىسەن، ئۇ كۆڭلۈڭگە ئايان؟ مانا
پەرۋەردىگار رەزىللىكىڭنى ئۆز بېشىڭغا ياندۇرىدۇ. 45 لېكىن
سۇلايمان پادىشاھ بولسا بەرىكەتلىنىپ، داۋۇتنىڭ تەختى
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئەبەدىلئەبەد مۇستەھكەم قىلىنىدۇ،
دېدى.
46 ئاندىن پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا
چىقىپ ئۇنى چېپىپ ئۆلتۈردى. پادىشاھلىق بولسا سۇلايماننىڭ
قولىدا مۇستەھكەم قىلىندى.

## پەرۋەردىگار سۇلايمانغا دانالىق بېرىدۇ

2تار. 7:11-22

3
1 سۇلايمان مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋن بىلەن ئىتتىپاق
تۈزۈپ پىرەۋننىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئۆز ئوردىسى،
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ۋە يېرۇسالېمنىڭ چۆرىسىدىكى سېپىلنى
ياساپ پۈتكۈزگۈچىلىك ئۇ ئۇنى «داۋۇتنىڭ شەھىرى»گە ئاپىرىپ
تۇرغۇزدى.

44:2 2سام. 5:16، 6، 7
46:2 2تار. 1:1
1:3 1پاد. 8:7

2 شۇ ۋاقىتلاردا پەرۋەردىگارنىڭ نامى ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا
ياسالمىغىنى ئۈچۈن خەلق «يۇقىرى جايلار»دا قۇربانلىقلىرىنى
قىلاتتى.
3 سۇلايمان پەرۋەردىگارنى سۆيۈپ، ئاتىسى داۋۇتنىڭ بەلگىلىگەنلىرىدە
ماڭاتتى. پەقەت «يۇقىرى جايلار»دا قۇربانلىق قىلىپ خۇشبۇي
ياقاتتى.
4 پادىشاھ قۇربانلىق قىلغىلى گىبېئونغا باردى؛ چۈنكى ئۇ يەر «ئۇلۇغ
يۇقىرى جاي» ئىدى. سۇلايمان ئۇ يەردىكى قۇربانگاھتا بىر مىڭ
كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇندى. 5 پەرۋەردىگار گىبېئوندا سۇلايمانغا
كېچىسى چۈشىدە كۆرۈندى. خۇدا ئۇنىڭغا: ــ مېنىڭ ساڭا نېمە
بېرىشىمنى لايىق تاپساڭ، شۇنى تىلىگىن، دېدى.
6 سۇلايمان جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ قۇلۇڭ ئاتام داۋۇت سېنىڭ
ئالدىڭدا ھەقىقەت، ھەققانىيلىق ۋە كۆڭلىنىڭ سەمىمىيلىكى بىلەن

2:3 **«خەلق «يۇقىرى جايلار»دا قۇربانلىقلىرىنى قىلاتتى»** ــ «يۇقىرى جايلار»: ــ تەۋراتتىكى «قان.» 12:5-14دە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك يەرلەردە، خۇدا ئىسرائىللارغا: ــ بىرسى ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق قىلسا، پەقەت «ئۆزۈم تاللىغان جاي»دا قۇربانلىق قىلسۇن، دەپ تاپىلايدۇ. ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا خۇدا مۇشۇنداق قۇربانلىق قىلىدىغان بىرنەچچە جاينى بېكىتكەنىدى (بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا جاينى بېكىتەتتى). بىراق ئىسرائىللار بەلكىم ئۆز قولايلىقىنى كۆزلەپ (ۋە بەلكىم بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى دوراپ) خۇدانىڭ ئەمرىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ تاغ چوققىلىرى قاتارلىق يۇقىرى جايلاردا خۇداغا ئىبادەت قىلىپ قۇربانلىق قىلاتتى. بۇنىڭ شۇنداق بىر خەتىرى بار ئىدىكى، ئۇلار ئەتراپىدىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يەردە ھەرخىل بۇتلارغىمۇ چوقۇنۇپ، ھەتتا بۇتپەرەسلەرگە ئەگىشىپ «ئىنسان قۇربانلىق»لارنىمۇ قىلىشى مۇمكىن ۋە دەرۋەقە كۆپ ۋاقىتلاردا شۇنداق قىلاتتى (مەسىلەن، «ئەز.» 16:21، 20:26نى كۆرۈڭ).

**2:3** قان. 12:5

**3:3 «سۇلايمان پەرۋەردىگارنى سۆيۈپ، ئاتىسى داۋۇتنىڭ بەلگىلىگەنلىرىدە ماڭاتتى؛ پەقەت «يۇقىرى جايلار»دا ... خۇشبۇي ياقاتتى»** ــ «داۋۇتنىڭ بەلگىلىگەنلىرى»: ــ شۈبھىسىزكى، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن بارلىق بەلگىلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، قۇربانلىق قىلىش «يۇقىرى جايلار»دا ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار بېكىتكەن جايدىلا بولۇشى كېرەك، دەپ بېكىتىلگەن («قان.» 12:10-14).

**4:3** 2تار. 1:3

**5:3** 1پاد. 9:2

ماڭغانلىقى بىلەن سەن ئۇنىڭغا زور مېھرىبانلىقنى كۆرسەتكەنىدىڭ؛
ۋە سەن شۇ زور مېھرىبانلىقنى داۋام قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندىكىدەك
ئۆز تەختىدە ئولتۇرغىلى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل بەردىڭ. [7] ئەمدى ئى
پەرۋەردىگار خۇدايىم، قۇلۇڭنى ئاتام داۋۇتنىڭ ئورنىدا پادىشاھ
قىلدىڭ. ئەمما مەن پەقەت بىر گۆدەك بالا خالاس، چىقىش-كىرىشنىمۇ
بىلمەيمەن. [8] ئۆز قۇلۇڭ سەن تاللىغان خەلقىڭ، كۆپلۈكىدىن ساناپ
بولمايدىغان ھېسابسىز ئۇلۇغ بىر خەلق ئارىسىدا تۇرىدۇ. [9] شۇڭا ئۆز
قۇلۇڭغا خەلقىڭنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم قىلىشقا ياخشى-ياماننى پەرق
ئېتىدىغان ئويغاق بىر قەلبنى بەرگەيسەن؛ بولمىسا، كىم بۇ ئۇلۇغ
خەلقىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم قىلالىسۇن؟ ــ دېدى.
[10] سۇلايماننىڭ شۇنى تىلىگىنى رەبنى خۇش قىلدى.
[11] خۇدا ئۇنىڭغا: ــ سەن شۇنى تىلىگىنىڭ ئۈچۈن ــ يا ئۆزۈڭ
ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمەي، يا ئۆزۈڭ ئۈچۈن دۆلەت-بايلىق
تىلىمەي، يا دۈشمەنلىرىڭنىڭ جانلىرىنى تىلىمەي، بەلكى توغرا
ھۆكۈم قىلغىلى ئويغاق بولۇشقا ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئەقىل-پاراسەتنى
تىلىگىنىڭ ئۈچۈن، [12] مانا، سۆزۈڭ بويىچە شۇنداق قىلدىم.
مانا ساڭا شۇنداق دانا ۋە يورۇتۇلغان قەلبنى بەردىمكى، سەندىن
ئىلگىرى ساڭا ئوخشايدىغىنى بولمىغان، سەندىن كېيىنمۇ ساڭا
ئوخشايدىغىنى بولمايدۇ. [13] مەن سەن تىلىمىگەن نەرسىنىمۇ، يەنى
دۆلەت-بايلىق ۋە شان-شۆھرەتنى ساڭا بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بارلىق
كۈنلىرىڭدە پادىشاھلارنىڭ ئارىسىدا ساڭا ئوخشاش بولىدىغىنى
چىقمايدۇ. [14] ئەگەر ئاتاڭ داۋۇت ماڭغاندەك مېنىڭ يوللىرىمدا

**7:3** 2تار. 7:2

**8:3** 2تار. 9:1

9:3 **«ياخشى-ياماننى پەرق ئېتىدىغان ئويغاق بىر قەلب»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاڭلاشقا ئويغاق بىر قەلب».

**11:3** 2تار. 11:1

**12:3** توپ. 16:1

**13:3** مات. 33:6؛ ئەف. 20:3

مېڭىپ، بەلگىلىمىلىرىم ۋە ئەمرلىرىمنى تۇتساڭ كۈنلىرىڭنى ئۇزارتىمەن، دېدى.
15 سۇلايمان ئويغانغاندا، مانا بۇ بىر چۈش ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمغا كېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆرە تۇرۇپ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى قىلىپ، ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەممە خىزمەتكارلىرىغا زىياپەت قىلىپ بەردى.

## سۇلايماننىڭ دانالىقى ئايان بولىدۇ

16 شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى پاھىشە ئايال پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇردى.
17 بىرىنچى ئايال: ــ ئى غوجام! مەن ۋە بۇ خوتۇن بىر ئۆيدە ئولتۇرىمىز؛ ئۇ مەن بىلەن ئۆيدە تۇرغىنىمدا بىر بالىنى تۇغدۇم. 18 مەن بالىنى تۇغۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ خوتۇنمۇ بىر بالا تۇغدى. بىز ئىككىيلەن ئۇ يەردە ئولتۇردۇق؛ ئۆيدە بىزدىن باشقا ھېچ يات ئادەم يوق ئىدى، يالغۇز بىز ئىككىيلەن ئۆيدە ئىدۇق. 19 شۇ كېچىدە بۇ خوتۇننىڭ بالىسى ئۆلدى؛ چۈنكى ئۇ بالىسىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. 20 ئۇ يېرىم كېچىدە قوپۇپ دېدەكلىرى ئۇخلاپ قالغاندا، يېنىمدىن ئوغلۇمنى ئېلىپ ئۆز قۇچىقىغا سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلگەن ئوغلىنى مېنىڭ قۇچىقىمغا سېلىپ قويۇپتۇ. 21 ئەتىسى قوپۇپ بالامنى ئېمىتەي دېسەم مانا ئۆلۈك تۇرىدۇ. لېكىن ئەتىگەندە قارىسام، ئۇ مەن تۇغقان بالا ئەمەس ئىدى، دېدى.
22 ئىككىنچى ئايال: ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس. تىرىك قالغىنى مېنىڭ ئوغلۇم، ئۆلگىنى سېنىڭ ئوغلۇڭ، دېدى. لېكىن بىرىنچى ئايال: ــ ياق، ئۆلگىنى سېنىڭ ئوغلۇڭ، تىرىك قالغىنى مېنىڭ ئوغلۇم، دېدى. ئۇلار شۇ ھالەتتە پادىشاھنىڭ ئالدىدا تالىشىپ تۇراتتى.
23 پادىشاھ: ــ بىرى: «تىرىك قالغىنى مېنىڭ ئوغلۇم، ئۆلگىنى سېنىڭ ئوغلۇڭ» دەيدۇ. ئەمما يەنە بىرى: «ياق، ئۆلگىنى سېنىڭ ئوغلۇڭ، تىرىك قالغىنى مېنىڭ ئوغلۇم» دەيدۇ، دېدى.

24 پادىشاھ: ماڭا بىر قىلىچ ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى. ئۇلار قىلىچنى
پادىشاھقا ئېلىپ كەلگەندە 25 پادىشاھ: تىرىك بالىنى ئوتتۇرىدىن
كېسىپ ئىككى پارچە قىلىپ يېرىمىنى بىرىگە، يەنە بىر يېرىمىنى
ئىككىنچىسىگە بېرىڭلار، دېدى.
26 ئۇ ۋاقىتتا تىرىك بالىنىڭ ئانىسى ئۆز بالىسىغا ئىچىنى ئاغرىتىپ
پادىشاھقا: ــ ئاھ غوجام! تىرىك بالىنى ئۇنىڭغا بەرسىلە، ھەرگىز
ئۇنى ئۆلتۈرمىگەيلە! ــ دەپ يالۋۇردى. لېكىن ئىككىنچىسى: ــ ئۇنى
نە مېنىڭكى نە سېنىڭكى قىلماي، ئوتتۇرىدىن كېسىڭلار، دېدى.
27 پادىشاھ جاۋابەن: ــ تىرىك بالىنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار، ئۇنى ھېچ
ئۆلتۈرمەڭلار؛ چۈنكى بۇ بالىنىڭ ئانىسى شۇدۇر، دېدى.
28 پۈتكۈل ئىسرائىل پادىشاھنىڭ قىلغان ھۆكۈمى توغرىسىدا
ئاڭلىدى ۋە ئۇلار پادىشاھتىن قورقتى، چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ ئادىل
ھۆكۈملەرنى چىقىرىش دانالىقىنىڭ ئۇنىڭدا بارلىقىنى كۆردى.

## سۇلايماننىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتكارلىرى

4 1 سۇلايمان پادىشاھ پۈتكۈل ئىسرائىلغا پادىشاھ بولدى.
2 ئۇنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرى مۇنۇلار: ــ زادوكنىڭ ئوغلى ئازارىيا
كاھىن ئىدى؛ 3 شىشانىڭ ئوغۇللىرى ئېلىخورەف ۋە ئاخىياھ
كاتىپلار ئىدى؛ ئاھىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافات تەزكىرىچى ئىدى؛
4 يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا قوشۇننىڭ باش سەردارى ئىدى. زادوك
بىلەن ئابىياتار كاھىنلار ئىدى؛ 5 ناتاننىڭ ئوغلى ئازارىيا نازارەت
بېگى، ناتاننىڭ يەنە بىر ئوغلى زابۇد ھەم كاھىن ۋە پادىشاھنىڭ
مەسلىھەتچىسى ئىدى. 6 ئاخىشار ئوردىنىڭ غوجىدارى، ئابدانىڭ
ئوغلى ئادونىرام باج-ئالۋان بېگى ئىدى.
7 پۈتكۈل ئىسرائىل زېمىنىدا سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئۆزى ئۈچۈن
ۋە ئوردىدىكىلىرى ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەك تەمىنلەيدىغان، ئون

6:4 1پاد. 18:12

ئىككى نازارەتچى تەيىنلەنگەنىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى يىلدا بىر ئايدىن
يېمەك-ئىچمەك تەمىنلەشكە مەسئۇل ئىدى. [8] ئۇلارنىڭ ئىسمى تۆۋەندە
خاتىرىلەنگەن: ئەفرائىم تاغلىق رايونىغا بەن-خۇر؛ [9] ماكاز، شائالبىم،
بەيت-شەمەش ۋە ئېلون-بەيت-ھانانغا بەن-دەكەر؛ [10] ئارۇبوتقا بەن-خەسەد؛
ئۇ يەنە سوكوھ ۋە خەفەر دېگەن بارلىق يۇرتقىمۇ مەسئۇل ئىدى؛ [11] يەنە
نافات-دورغا بەن-ئابىناداب (ئۇ سۇلايماننىڭ قىزى تافاتنى خوتۇنلۇققا
ئالغان)؛ [12] تائاناق، مەگىددو ۋە يىزرەئەلنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى
زارەتاننىڭ يېنىدا بولغان پۈتكۈل بەيت-شانغا، شۇنداقلا بەيت-شاندىن
تارتىپ ئابەل-مەھولاھغىچە، جوكنېئامدىن ئۆتكۈچە بولغان زېمىنلارغا
ئاھىلۇدنىڭ ئوغلى بائانا؛ [13] راموت-گىلېئادقا بەن-گەبەر؛ ئۇ يەنە گىلېئاد
يۇرتىغا جايلاشقان، ماناسسەھنىڭ ئوغلى يائىرغا تەۋە بولغان كەنتلەر
ۋە ھەم باشاندىكى يۇرت ئارگوب، جۇملىدىن ئۇ يەردىكى سېپىلى، مىس
بالداقلىق قوۋۇقلىرى بولغان ئاتمىش چوڭ شەھەرگىمۇ مەسئۇل ئىدى.
[14] ماھانائىمغا ئىددونىڭ ئوغلى ئاھىناداب؛ [15] نافتالىغا ئاخىمائاز
(ئۇ سۇلايماننىڭ قىزى باسىماتنى خوتۇنلۇققا ئالغانىدى). [16] ئاشىر
ۋە ئالوتقا ھۇشاينىڭ ئوغلى بائاناھ؛ [17] ئىسساكارغا پارۇئاھنىڭ
ئوغلى يەھوشافات؛ [18] بىنيامىن زېمىنىغا ئېلانىڭ ئوغلى شىمەي؛
[19] گىلېئاد زېمىنىغا (ئەسلىدە ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھون ۋە
باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنىڭ زېمىنى ئىدى) ئۇرىنىڭ ئوغلى گەبەر. ئۇ
شۇ يۇرتقا بىردىنبىر نازارەتچى ئىدى.

## سۇلايماننىڭ دۆلتى ۋە شۆھرىتى

[20] يەھۇدا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك
نۇرغۇن ئىدى. ئۇلار يەپ-ئىچىپ، خۇشاللىق قىلاتتى. [21] ۋە سۇلايمان

---

10:4 **«سوكوھ»** ــ ياكى «سوكو».
19:4 **«ئۇ شۇ يۇرتقا بىردىنبىر نازارەتچى ئىدى»** ــ ياكى «ۋە پۈتكۈل زېمىن ئۈستىدە يەنە بىر نازارەتچى بار ئىدى». بەزى ئالىملار شۇ «يەنە بىر» نازارەتچىنى كەبىسە يىللادىكى «13-ئاي»نىڭ ھاجىتىگە مەسئۇل، دەپ قارايدۇ.

بولسا ئەفرات دەرياسىدىن تارتىپ فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىغا ۋە
مىسىرنىڭ چېگرالىرىغىچە بولغان ھەممە پادىشاھلىقلارنىڭ
ئۈستىدە سەلتەنەت قىلاتتى. ئۇلار ئولپان كەلتۈرۈپ سۇلايماننىڭ
پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. 22 سۇلايماننىڭ ئوردىسىغا
كېتىدىغان كۈنلۈك تەمىنات ئۈچۈن ئوتتۇز كور تاسقىغان ئاق ئۇن،
ئاتمىش كور قارا ئۇن، 23 ئون بوردىغان ئۇي، يايلاقتىن كەلتۈرۈلگەن
يىگىرمە ئۇي، يۈز قوي كېتەتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا بۇغىلار، جەرەنلەر،
كېيىكلەر ۋە بوردىغان توخۇلار لازىم ئىدى. 24 چۈنكى ئۇ ئىفساھدىن
تارتىپ گازاغىچە، ئەفرات دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ھەممە
يۇرتلارنىڭ ئۈستىدە، يەنى ئەفرات دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى بارلىق
پادىشاھلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرەتتى؛ ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى تىنچ
ئىدى. 25 سۇلايماننىڭ پۈتكۈل كۈنلىرىدە داندىن تارتىپ بەئەر-
شېباغىچە يەھۇدا بىلەن ئىسرائىل ئادەملىرىنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۈزۈم
تېلى ۋە ئۆز ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تېگىدە ئامان-ئېسەن ئولتۇراتتى.
26 سۇلايماننىڭ جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئاتلىرى ئۈچۈن تۆت مىڭ
ئاتخانىسى، ئون ئىككى مىڭ چەۋەندىزى بار ئىدى.
27 مەزكۇر نازارەتچىلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە بېكىتىلگەن ئايدا سۇلايمان
پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ داستىخىنىغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ
يېمەك-ئىچمەكلىرىنى كېمەيتمەي تەمىنلەيتتى. 28 خەلق بولسا
ھەربىرى ئۆزىگە بېكىتىلگەن نورما بويىچە ئات-قېچىرلار ئۈچۈن
ئارپا بىلەن سامانلارنى نازارەتچىلەر بار يەرگە ئېلىپ كېلەتتى.
29 خۇدا سۇلايمانغا دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك دانالىق،

---

**22:4 «ئوتتۇز كور»** ــ بىر كور 220 لىتر، 30 كور 6600 لىتر.

**25:4** لاۋ. 5:26

**26:4 «تۆت مىڭ ئاتخانىسى»** ــ كۆپ كونا كۆچۈرمىلەردە «قىرىق مىڭ ئاتخانىسى» دېيىلدۇ. لېكىن بىز بۇ سانىنى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ خاتالىقى دەپ قارايمىز. «2تار.» 25:9دە ۋە بۇ تېكىستنىڭ بەزى گرېك تەرجىمىلىرىدە «تۆت مىڭ» دېيىلدۇ. **«ئون ئىككى مىڭ چەۋەندىزى»** ــ ياكى «ئون ئىككى مىڭ ئېتى».

**26:4** 1پاد. 26:10؛ 2تار. 14:1؛ 25:9

ئىنتايىن مول پەم-پاراسەت ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى كەڭ
قىلىپ زور يورۇتتى. 30 شۇنىڭ بىلەن سۇلايماننىڭ دانالىقى بارلىق
شەرقتىكىلەرنىڭ دانالىقىدىن ۋە مىسىردىكى بارلىق دانالىقتىن
ئاشتى. 31 چۈنكى ئۇ بارلىق ئادەملەردىن، جۈملىدىن ئەزراھلىق ئېتان
بىلەن ماخولنىڭ ئوغۇللىرى ھېمان، كالكول ۋە داردا دېگەنلەردىن
دانا ئىدى؛ ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتى ئەتراپىدىكى ھەممە ئەللەر ئارىسىدا
يېيىلدى. 32 ئۇ ئېيتقان پەند-نەسىھەت ئۈچ مىڭ ئىدى؛ ئۇنىڭ شېئىر-
كۈيلىرى بىر مىڭ بەش ئىدى. 33 ئۇ لىۋاندىكى كېدىر دەرىخىدىن تارتىپ
تامدا ئۆسىدىغان لېپەككۈلگىچە دەرەخ-گىياھلارنىڭ ھەممىسىنى
بايان قىلىپ خاتىرىلىگەنىدى؛ ئۇ يەنە مال ۋە ھايۋانلار، قۇشلار،
ھاشارەت-ئۆمىلىگۈچىلەر ۋە بېلىقلار توغرىسىدا بايان قىلىپ
خاتىرىلىگەنىدى. 34 سۇلايماننىڭ دانالىقىنى ئاڭلىغىلى كىشىلەر
بارلىق ئەللەردىن كېلەتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ دانالىقى توغرۇلۇق خەۋەر
تاپقان يەر يۈزىدىكى ھەممە پادىشاھلاردىن كىشىلەر كەلمەكتە ئىدى.

## ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا ماتېرىياللارنى تopلاش

2تار. 2:1-17

5 1 تۇرنىڭ پادىشاھى ھىرام سۇلايماننى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ
بولۇشقا مەسىھ قىلىنغان دەپ ئاڭلاپ، ئۆز خىزمەتكارلىرىنى ئۇنىڭ
قېشىغا ئەۋەتتى؛ چۈنكى ھىرام داۋۇتنى ئىزچىل سۆيگۈچى ئىدى.
2 سۇلايمان ھىرامغا ئادەم ئەۋەتىپ مۇنداق ئۈچۈرنى يەتكۈزدى: ــ
3 «ئۆزۈڭ بىلىسەنكى، ئاتام داۋۇتنىڭ دۈشمەنلىرىنى پەرۋەردىگار
ئۇنىڭ پۇتى ئاستىغا قويغۇچە، ئۇ ئەتراپىدا ھەر تەرەپتە جەڭ
قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ نامىغا بىر

**29:4 «ئۇنىڭ قەلبىنى كەڭ قىلىپ زور يورۇتتى»** ــ ياكى «ئۇنىڭ كۆكسى-قارنىنى بەك كەڭ قىلدى».

**1:5** 2سام. 11:5؛ 1تار. 1:14

ئىبادەتخانا ياسىيالمىدى. 4ئەمدى ھازىر پەرۋەردىگار خۇدايىم ماڭا
ھەممە تەرەپتىن ئارام بەردى؛ ھېچبىر دۈشمىنىم يوق، ھېچبىر بالا-
قازا يوق. 5مانا، پەرۋەردىگارنىڭ ئاتام داۋۇتقا: «مەن سېنىڭ ئورنۇڭغا
ئۆز تەختىڭگە ئولتۇرغۇزغان ئوغلۇڭ بولسا، ئۇ مېنىڭ نامىمغا
بىر ئىبادەتخانا ياسايدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك، مەن پەرۋەردىگار
خۇدايىمنىڭ نامىغا بىر ئىبادەتخانا ياساي دەپ نىيەت قىلدىم؛
6ئەمدى مەن ئۇچۇن ئادەملىرىڭگە لىۋاندىن كېدىر دەرەخلىرىنى
كېسىڭلار، دەپ يارلىق چۈشۈرگىن؛ مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم سېنىڭ
خىزمەتكارلىرىڭغا ھەمدەمدە بولىدۇ. سېنىڭ بېكىتكىنىڭ
بويىچە خىزمەتكارلىرىڭغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى ساڭا
تۆلەيمەن؛ چۈنكى ئۆزۈڭگە ئايانكى، دەرەخ كېسىشتە ئارىمىزدا
ھېچكىم زىدوندىكىلەردەك ئۇستا ئەمەس».
7ھىرام سۇلايماننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:
— بۈگۈن بۇ ئۇلۇغ خەلق ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرۈشكە داۋۇتقا شۇنداق
دانا بىر ئوغۇل بەرگەن پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىلسۇن!
— دېدى. 8ھىرام سۇلايمانغا ئادەم ئەۋەتىپ: — سەن ماڭا قويغان
تەلەپلىرىڭنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلدىم. مەن سېنىڭ كېدىر ياغىچى
ۋە ئارچا ياغىچى توغرۇلۇق ئارزۇ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى
ئادا قىلىمەن؛ 9مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم شۇلارنى لىۋاندىن دېڭىزغا
ئاپىرىدۇ؛ مەن ئۇلارنى سال قىلىپ باغلاپ، دېڭىز بىلەن سەن ماڭا
بېكىتكەن يەرگە يەتكۈزىمەن، ئاندىن شۇ يەردە ئۇلارنى يەشكۈزىمەن.
شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئېلىپ كېتىسەن. بۇنىڭ
ھېسابىغا سەن تەلەپلىرىم بويىچە ئوردىدىكىلىرىم ئۈچۈن يېمەك-
ئىچمەك تەمىنلىگەيسەن، — دېدى.
10 شۇنداق قىلىپ، ھىرام سۇلايمانغا بارلىق تەلىپى بويىچە كېدىر
ياغاچلىرى ۋە ئارچا ياغاچلىرىنى بەردى. 11 سۇلايمان ھىرامغا

---

**3:5** 1تار. 3:28

**5:5** 2سام. 13:7؛ 1تار. 10:22؛ 2تار. 18:1

ئوردىدىكىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە يىگىرمە مىڭ كور بۇغداي ۋە
يىگىرمە بات ساپ زەيتۇن مېيىنى ئەۋەتىپ بەردى. ھەر يىلى سۇلايمان
ھىرامغا شۇنداق بېرەتتى. 12 پەرۋەردىگار سۇلايمانغا ۋەدە قىلغاندەك
ئۇنىڭغا دانالىق بەرگەنىدى. ھىرام بىلەن سۇلايماننىڭ ئارىسىدا
ئىناقلىق بولۇپ، ئىككىسى ئەھدە تۈزۈشتى.
13 سۇلايمان پادىشاھ پۈتۈن ئىسرائىلدىن ھاشارغا ئىشلەمچىلەرنى
بېكىتتى، ئۇلارنىڭ سانى ئوتتۇز مىڭ ئىدى. 14 ئۇ بۇلارنى نۆۋەت
بىلەن ھەر ئايدا ئون مىڭدىن لىۋانغا ئەۋەتەتتى؛ شۇنداق قىلىپ،
ئۇلار بىر ئاي لىۋاندا تۇرسا، ئىككى ئاي ئۆيىدە تۇردى. ئادونىرام
ھاشارچىلارنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. 15 سۇلايماننىڭ يەتمىش مىڭ
ھاممىلى، تاغلاردا ئىشلەيدىغان سەكسەن مىڭ تاشچىسى بار
ئىدى. 16 ئۇنىڭدىن باشقا سۇلايماننىڭ مەنسەپدارلىرىدىن ئىش
ئۈستىگە قويۇلغان ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز ئىش بېشى بار ئىدى؛ ئۇلار
ئىشلەمچىلەرنى باشقۇراتتى.
17 پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈشى بىلەن ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلىنى
سېلىشقا يونۇلغان، چوڭ ۋە قىممەتلىك تاشلارنى كېسىپ كەلتۈردى. 18
ۋە سۇلايماننىڭ تامچىلىرى بىلەن ھىرامنىڭ تامچىلىرى ۋە
گەباللىقلار قوشۇلۇپ تاشلارنى ئويۇپ، ئۆينى ياساش ئۈچۈن ياغاچ ھەم
تاشلارنى تەييارلاپ قويدى.

## مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى

2تار. 3:1-14

6 1 ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى تۆت يۈز
سەكسىنىنچى يىلى، سۇلايماننىڭ ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدىكى

---

11:5 **«يىگىرمە بات»** — بىر «بات» تەخمىنەن 27 لىتر، 20 بات 540 لىتر.

12:5 1پاد. 12:3

18:5 **«گەباللىقلار»** — ياكى «بىبلوسلۇقلار»، ياكى «گىرۇۋەكلەرنى كەسكۈچىلەر».

# سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانا —
## بۇ سۈرەت يان تېمى چىقىرۋېتىلىپ، ئىچى ئېنىق كۆرسىتىلگەن سۈرەت

سۇلايمان پادشاھ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 960-يىلى «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى»نى يېرۇسالېمدا مورىيا تېغىدا قۇرۇشقا باشلىدى («پادشاھلار (1)» 1:6، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 2-1:3). يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆينى پۈتكۈزدى («پادشاھلار (1)» 38:6).
ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (چۆرىسىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ھۇجرىلارنى ھېسابلىمىغاندا) 60 گەز، كەڭلىكى 20 گەز، ئېگىزلىكى 30 گەز (بىر گەز = 460mm . ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسى ئەتراپىغا چوڭ پاسىل تام چۆرۈلگەن.

ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئىچىدىكى ئۆي («ئەڭ مۇقەددەس جاي»)نىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى 20 گەز، ئېگىزلىكى 20 گەز ئىدى («پادشاھلار (1)» 15:6-29، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 3:8-14). ئىككى يوغان كېرۇب «ئەھدە ساندۇقى»نىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇردى؛ ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 گەز، ھەربىرىنىڭ بىر قانىتىنىڭ ئۇچىدىن يەنە بىر قانىتىنىڭ ئۇچىغىچە 10 گەز ئىدى («پادشاھلار (1)» 23:6-28).
ئەھدە ساندۇقى ئىككى كېرۇبنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلدۇ («پادشاھلار (1)» 1:8-11، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 2:5-14نىمۇ كۆرۈڭ).




ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 گەز، كەڭلىكى 20 گەز («پادشاھلار (1)» 15:6، 17-18، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 5:3-7نىمۇ كۆرۈڭ).
ئىچىدە ئالتۇن «خۇشبۇيگاھ»، «تەقدىم نان» قويۇلىدىغان ئالتۇن شىرە ۋە ئون ئالتۇن چىراغدان (بەشى شىمال تەرىپىگە، بەشى جەنۇب تەرىپىگە) قويۇلغان («پادشاھلار (1)» 48:7-49، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 7:4).

شىمال تەرەپتىكى كاۋاك تۈۋرۈك «ياقىن» دەپ،
جەنۇب تەرەپتىكى كاۋاك تۈۋرۈك «بوئاز» دەپ ئاتىلىدۇ
(«پادشاھلار (1)» 21:7، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 17:3)

«مۇقەددەس جاي»نىڭ ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى 10 گەز ئىدى («پادشاھلار (1)» 3:6، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 4:3)

«دېڭىز» دەپ ئاتالغان يوغان داس، ئېگىزلىكى 5 گەز، دىئامېترى 10 گەز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ بات (44000 لىتر) سۇ سىغاتتى. داس ئون ئىككى بۇقا شەكلى ئۈستىدە تۇرغۇزۇلغان؛ بۇلار ئۈچتىن-ئۈچتىن بولۇپ، تۆت تەرەپكە يۈزلەنگەن («پادشاھلار (1)» 23:7-26، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 2:4-5 نىمۇ كۆرۈڭ).

ئارچا ياغىچىدىن ياسالغان، چىرايلىق نەقىشلەنگەن قوش قاناتلىق ئىككى ئىشىك ئايۋان ۋە «مۇقەددەس جاي»نى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئالتۇن بىلەن قاپلانغان («پادشاھلار (1)» 33:6-35)

كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ئۆتكۈزۈلىدىغان مىس قۇربانگاھنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى 20 گەز، ئېگىزلىكى 10 گەز ئىدى («تارىخ-تەزكىرە (2)» 1:4)

ئون «يۇيۇش دېسى» مىستىن ياسالغان؛ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا ئىشلىتىدىغان بۇيۇم-ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلاردا يۇيۇلاتتى («پادشاھلار (1)» 27:7-38، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 6:4).

ئىبادەتخانىنىڭ تېمىغا يانداش ئۈچ قەۋەتلىك بىر قۇرۇلۇش ياسالغان. تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ كەڭلىكى 5 گەز، ئوتتۇرا قەۋەتنىڭ كەڭلىكى 6 گەز، ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ كەڭلىكى 7 گەز ئىدى؛ ھەربىر قەۋەتتە ھۇجرىلار ياسالغان (بىر گەز = 460mm).
(«پادشاھلار (1)» 5:6-6، 8، 10).

مۇقەددەس جاي بىلەن كالامخانا (ئەڭ مۇقەددەس جاي)نىڭ ئوتتۇرىسىغا زەيتۇن ياغىچىدىن ئېتىلگەن، چىرايلىق نەقىشلەنگەن قوش ئىشىكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلار ئالتۇن بىلەن قاپلانغان («پادشاھلار (1)» 31:6-32).

**سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلىنىڭ ئىككىنچى ئېيىدا، يەنى زىف ئېيىدا ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ياساشقا باشلىدى.**
**[2] سۇلايمان پادىشاھ پەرۋەردىگارغا ياسىغان ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاتمىش گەز، كەڭلىكى يىگىرمە گەز ۋە ئېگىزلىكى ئوتتۇز گەز ئىدى. [3] ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىبادەتخانىنىڭ كەڭلىكى بىلەن باراۋەر بولۇپ، يىگىرمە گەز ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ كەڭلىكى ئون گەز ئىدى.**
**[4] ئۇ ئىبادەتخانىغا روجەكلىك دېرىزە-پەنجىرىلەرنى ئورناتتى.**
**[5] ئىبادەتخانا تېمىغا، يەنى مۇقەددەس جاي ۋە «كالامخانا»نىڭ تېمىغا يانداش ئۈچ قەۋەتلىك بىر ئىمارەتنى سالدى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە ھۇجرىلارنى ياسىدى.**
**[6] تاشقىرىقى ئىمارەتنىڭ تۆۋەنكى قەۋىتىنىڭ كەڭلىكى بەش گەز، ئوتتۇرا قەۋىتىنىڭ كەڭلىكى ئالتە گەز، ئۈچىنچى قەۋىتىنىڭ كەڭلىكى يەتتە گەز ئىدى. چۈنكى ئىبادەتخانىنىڭ تاشقى تېمىدا لىملارنى ئورناتقان تۆشۈكلەر بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇ تامغا تەكچە**

---

**1:6** 2تار. 2:3؛ روس. 47:7

2:6 **«ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى...»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى...». **«پەرۋەردىگارغا ياسىغان ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاتمىش گەز...»** — مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز»نى بەلكىم بىر «جەينەك» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ — يەنى ئادەمنىڭ جەينىكىدىن بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق (تەخمىنەن 45 سانتىمېتر) ئىدى.

**3:6** يۇھ. 23:10؛ روس. 11:3؛ 12:5

4:6 **«ئۇ ئىبادەتخانىغا روجەكلىك دېرىزە-پەنجىرىلەرنى ئورناتتى»** — باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىملەر ئۈچىرىشى مۇمكىن بولغىنى بىلەن ھەرھالدا بۇ سۆزلەر دېرىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

5:6 **«ئىبادەتخانا تېمىغا، يەنى مۇقەددەس جاي ۋە «كالامخانا»نىڭ تېمىغا...»** — مۇشۇ يەردە «كالامخانا» «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نىڭ باشقا بىر ئىسمىدۇر. 16:6نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. «كالامخانا» دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى، «ئەڭ مۇقەددەس جاي» ئىچىدە «ئەھدە ساندۇقى» بار ئىدى، «ئەھدە ساندۇقى» ئىچىدە خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىسى ساقلاقلىق ئىدى.

چىقىرىلغانىدى.
7 ئىبادەتخانا پۈتۈنلەي تەييار قىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن تاشلاردىن بىنا
قىلىنغانىدى. شۇنداق قىلغاندا، ئۇنى ياسىغان ۋاقىتتا نە بولقا نە
پالتا نە باشقا تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ ئاۋازى ئۇ يەردە ھېچ ئاڭلانمايتتى.
8 تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ ھۇجرىلىرىنىڭ كىرىش ئىشىكى ئىبادەتخانىنىڭ
ئوڭ تەرىپىدە ئىدى؛ بىر ئايلانما پەلەمپەي ئوتتۇرا قەۋەتكە ئاندىن
ئوتتۇرا قەۋەتتىن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقاتتى.
9 شۇنداق قىلىپ سۇلايمان ئىبادەتخانىنى ياساپ پۈتتۈردى.
ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىگە خار-لىملارنى بېكىتىپ، ئۇنى كېدىر تاختايلار
بىلەن قاپلىدى. 10 ئۇ ئىبادەتخانىغا يانداش ئىمارەتنىڭ قەۋەتلىرىنىڭ
ئېگىزلىكىنى بەش گەزدىن قىلدى. شۇ ئىمارەتنىڭ قەۋەتلىرى
ئىبادەتخانىغا كېدىر لىملىرى ئارقىلىق تۇتۇشۇقلۇق ئىدى.

11 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى سۇلايمانغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
12 «سەن ماڭا ياساۋاتقان بۇ ئىبادەتخانىغا كەلسەك، ئەگەر سەن
بەلگىلىمىلىرىمدە مېڭىپ، ھۆكۈملىرىمگە رىئايە قىلىپ، بارلىق
ئەمرلىرىمنى تۇتۇپ ئۇلاردا ماڭساڭ، مەن ئاتاڭ داۋۇتقا سەن توغرۇلۇق
ئېيتقان سۆزۈمگە ئەمەل قىلىمەن؛ 13 مەن ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدا
ماكان قىلىپ ئۆز خەلقىم ئىسرائىلنى ئەسلا تاشلىمايمەن».
14 سۇلايمان ئىبادەتخانىنى ياساپ پۈتتۈردى. 15 ئىبادەتخانىنىڭ
تاملىرىنىڭ ئىچ تەرىپىنى ئۇ كېدىر تاختايلىرى بىلەن ياساپ،

---

6:6 **«...ئىبادەتخانىنىڭ تاشقى تېمىدا لىملارنى ئورناتقان تۆشۈكلەر بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇ تامغا تەكچە چىقىرىلغانىدى»** ــ لىمنىڭ يەنە بىر ئۇچى «تاشقى ئىمارەت»نىڭ تاشقى تېمىغا بېكىتىلىشى ئۈچۈن شۇ تەرەپتە تۆشۈك تېشىلگەن بولسا كېرەك. «ئىبادەتخانا سخېمىسى»نى كۆرۈڭ.

8:6 **«تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ ھۇجرىلىرىنىڭ كىرىش ئىشىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىدى»** ــ بىز مۇشۇ يەردە («تۆۋەنكى قەۋەت» دېگەن سۆزلەر بىلەن) كونا گرېك تىلىدىكى تەرجىمىگە ئەگەشتۇق. «ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپى» ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدۇر.

**12:6** 2سام. 13:7؛ 1پاد. 4:2؛ 9:4؛ 1تار. 10:22، 19

**ئىبادەتخانىنىڭ تېگىدىن تارتىپ تورۇسىنىڭ لىملىرىغىچە ياغاچ بىلەن قاپلىدى؛ ۋە ئارچا تاختايلىرى بىلەن ئىبادەتخانىغا پول ياتقۇزدى.**

**16 ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئارقا تېمىدىن يىگىرمە گەز ئۆلچەپ ئارا تام ياساپ، ئىچكىرىكى خانىنى ھاسىل قىلدى؛ ئۇ تېگىدىن تارتىپ تورۇس لىملىرىغىچە كېدىر تاختايلىرى بىلەن قاپلىدى. بۇ ئەڭ ئىچكىرىكى خانا بولۇپ، يەنى «كالامخانا»، «ئەڭ مۇقەددەس جاي» ئىدى.**

**17 ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۆي، يەنى مۇقەددەس خانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق گەز ئىدى. 18 ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى تاملىرىغا قاپاق ۋە چېچەكنىڭ نۇسخىلىرى نەقىش قىلىنغانىدى. ئىبادەتخانا پۈتۈنلەي كېدىر تاختايلار بىلەن قاپلانغانىدى. ھېچ تاش كۆرۈنمەيتتى.**

**19 پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئۇ يەردە قويۇش ئۈچۈن، ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرىدىكى كالامخانىنى ياسىدى. 20 كالامخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز، توغرىسى يىگىرمە گەز، ئېگىزلىكى يىگىرمە گەز ئىدى؛ ئۇ ئۇنى ساپ ئالتۇندىن قاپلىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالدىدىكى كېدىر ياغاچلىق قۇربانگاھنىمۇ شۇنداق قاپلىدى.**

**21 سۇلايمان ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى؛ ئۇ ئىچكى كالامخانىنىڭ ئالدىنى ئالتۇن زەنجىرلەر بىلەن توسىدى؛ كالامخانىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. 22 شۇ تەرىقىدە ئۇ پۈتكۈل ئىبادەتخانىنى، يەنى پۈتكۈل ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىنى ئالتۇن بىلەن تولۇق قاپلىغانىدى. كالامخانىغا تەئەللۇق بولغان قۇربانگاھنىمۇ**

---

16:6 **«بۇ ئەڭ ئىچكىرىكى خانا بولۇپ، يەنى «كالامخانا»، «ئەڭ مۇقەددەس جاي» ئىدى»** — «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نىڭ «كالامخانا» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭدا خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرغان «ئەھدە تاش تاختىلىرى» (خۇدانىڭ كالامى) «ئەھدە ساندۇقى» ئىچىدە تۇراتتى؛ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بەلكىم بەزى ۋاقىتدا، باش كاھىن شۇ «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا كىرگەندە، خۇدانىڭ بېشارەتلىرى ئۇلارغا كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

20:6 **«ئۇ ... ئۇنىڭ ئالدىدىكى كېدىر ياغاچلىق قۇربانگاھنىمۇ شۇنداق قاپلىدى»** — بۇ ئىچىدىكى قۇربانگاھقا قۇربانلىقلار سۇنۇلمايتتى؛ ئۇ «خۇشبۇيدان» ياكى «خۇشبۇيگاھ» ئىدى.

پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن قاپلىغانىدى.
23 كالامخانىغا ئۇ زەيتۇن ياغىچىدىن ئىككى كېرۇبنىڭ شەكلىنى
ياسىدى. ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئون گەز ئىدى. 24 بىر كېرۇبنىڭ
بىر قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش گەز ۋە يەنە بىر قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
ھەم بەش گەز بولۇپ، بىر قانىتىنىڭ ئۇچىدىن يەنە بىر قانىتىنىڭ
ئۇچىغىچە ئون گەز ئىدى. 25 ئىككىنچى كېرۇبنىڭ ئىككى قانىتى
قوشۇلۇپ ئون گەز ئىدى. ئىككى كېرۇبنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە
شەكلى ئوخشاش ئىدى. 26 بىر كېرۇبنىڭ ئېگىزلىكى ئون گەز بولۇپ،
ئىككىنچى كېرۇبنىڭكىمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. 27 ئۇ كېرۇبلارنى
ئىچكىرىكى خانىدا قويدى. كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرى يېيىلىپ
تۇراتتى. بىرسىنىڭ بىر قانىتى بىر تامغا تېگىپ، ئىككىنچىسىنىڭ
قانىتى ئۇدۇلىدىكى تامغا تېگىپ تۇراتتى؛ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىكى
قاناتلىرى خانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇراتتى. 28
ئۇ كېرۇبلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.
29 ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرىنىڭ پۈتكۈل ئىچ چۆرىسىنى، يەنى
ئىچكىرىكى خانىنىڭ ۋە ھەم تاشقىرىقى خانىنىڭ چۆرىسىنى كېرۇب
بىلەن خورما دەرەخلىرىنىڭ شەكىللىرى ۋە چېچەك نۇسخىلىرى
بىلەن نەقىش قىلدى. 30 ئىبادەتخانىنىڭ پولىنى، يەنى ئىچكىرىكى
خانىنىڭ ھەم تاشقىرىقى خانىنىڭكىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.
31 كالامخانىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئۇ زەيتۇن ياغىچىدىن ئېتىلگەن
قوش ئىشىكلەرنى ياسىدى. ئىشىكلەرنىڭ كېشەكلىرى ۋە بېشى
ئۆينىڭ توغرىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى ئىدى. 32 بۇ قوش ئىشىكلەر

---

22:6 **«كالامخانىغا تەئەللۇق بولغان قۇربانگاھ»** ــ بۇ «قۇربانگاھ»، يەنى «خۇشبۇيدان» ئادەتتە كالامخانىنىڭ سەل ئالدىدا، «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئىچىدە ئىدى.

23:6 **«كېرۇبلار»** ــ كېرۇبلار بولسا خۇدانىڭ ھۆكۈم-جازالىرىنى يەتكۈزىدىغان، ئىنتايىن كۈچلۈك پەرىشتىلەردۇر. مەسىلەن، «يار.» 24:3 ۋە «ئەز.» 10-بابنى كۆرۈڭ.

**23:6** مىس. 18:25

**27:6** مىس. 20:25

31:6 **«ئىشىكلەرنىڭ كېشەكلىرى ۋە بېشى ئۆينىڭ توغرىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى**

**زەيتۇن ياغىچىدىن ئېتىلگەنىدى؛ ئۇ ئىشىكلەرنىڭ ئۈستىگە كېرۇبلار، خورما دەرەخلىرى ۋە چېچەك نۇسخىلىرى نەقىش قىلىنىپ زىننەتلەنگەنىدى؛ ئۇ ئىشىكلەرنى، جۇملىدىن كېرۇب بىلەن خورما دەرەخلىرىنىڭ نەقىشلىرىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.**

**[33] ئىبادەتخانىنىڭ تاشقى خانىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ كېشەكلىرىنى زەيتۇن ياغىچىدىن ياسىدى؛ ئۇلار ئۆينىڭ توغرىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئىدى؛ [34] قوش قاناتلىق ئىشىك بولسا ئارچا ياغىچىدىن ياسالدى. بىر قانىتى يېپىلىپ قاتلىناتتى، ئىككىنچى قانىتىمۇ يېپىلىپ قاتلىناتتى. [35] ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېرۇبلار، خورما دەرەخلىرى ۋە چېچەك نۇسخىلىرىنى نەقىش قىلدى؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە، جۇملىدىن نەقىشلەر ئۈستىگە ئالتۇن قاپلىدى.**

**[36] ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ تېمىنى بولسا ئۈچ قەۋەت يونۇلغان تاش بىلەن بىر قەۋەت كېدىر ياغىچىدىن ياسىدى.**

**[37] سۇلايماننىڭ سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلىنىڭ زىف ئېيىدا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇلى سېلىندى. [38] ۋە ئون بىرىنچى يىلىنىڭ بۇل ئېيىدا، يەنى سەككىزىنچى ئايدا ئىبادەتخانىنىڭ ھېچپىرى قالدۇرۇلماي، لايىھە بويىچە پۈتۈنلەي تامام بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆينى ياسىشىغا يەتتە يىل كەتتى.**

---

**ئىدى»** ــ باشقا تەرجىمىسى: «ئىشكلەرنىڭ كېشەكلىرى بەش چاسلىق ئىدى». ئىبرانيي تىلىنى چۈشىنىش تەس.

33:6 **« كېشەكلەر ئۆينىڭ توغرىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئىدى»** ــ باشقا تەرجىمىسى: «ئۇلار (كېشەكلەر) تۆت چاسلىق ئىدى». ئىبرانيي تېكىستىنى چۈشىنىش تەس.

37:6 **«تۆتىنچى يىلىنىڭ زىف ئېيىدا...»** ــ «زىف» ئېيى ئىككىنچى ئاي. بۇ بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 966-يىلى، ئاپرېل ياكى ماي ئايلىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

38:6 **«لايىھە بويىچە پۈتۈنلەي تامام بولدى»** ــ مۇشۇ يەردە «لايىھە» بەلكىم داۋۇت مۇقەددەس روھنىڭ كۆرسەتمىسى ئارقىلىق ئالدىن كۆرسەتكەن سىخېمىسىنى كۆرسىتىدۇ («1تار.» 19:28).

## ئوردىنىڭ قۇرۇلۇشى

7 1 سۇلايمان ئۆز ئوردىسىنى بولسا، ئون ئۈچ يىلدا ياساپ پۈتتۈردى.
2 ئۇ ياسىغان بۇ «لىۋان ئورمىنى سارىيى»نىڭ ئۇزۇنلۇقىنى يۈز گەز،
كەڭلىكىنى ئەللىك گەز ۋە ئېگىزلىكىنى ئوتتۇز گەز قىلدى. كېدىر
ياغىچى تۈۋرۈكىدىن تۆت قاتار ۋە تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە كېدىر
لىملىرى قويۇلغانىدى. 3 تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدىكى لىم كۆتۈرۈپ
تۇرغان ئۆگزىسىمۇ كېدىر ياغىچىدىن ئىدى. لىملار جەمئىي قىرىق
بەش بولۇپ ھەر قاتاردا ئون بەشتىن ئىدى. 4 ئۇنىڭ ئۈچ قەۋەت دېرىزىسى
بار ئىدى، ئۈچ قەۋەتتىكى دېرىزىلەر بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىدى.
5 بارلىق ئىشىكلەر ۋە كېشەكلەر تۆت چاسىلىق قىلىنغانىدى؛
ئىشىكلەر ئۈچ كۆزنەكلىك بولۇپ، ئىشىكلەر بىر-بىرىگە
ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىدى.
6 ئۇ ئۇزۇنلۇقىنى ئەللىك گەز، توغرىسىنى ئوتتۇز گەز قىلىپ،
تۈۋرۈكلۈك بىر دەھلىز ياسىدى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بىر دەھلىز

---

1:7 **«سۇلايمان ئۆز ئوردىسىنى بولسا، ئون ئۈچ يىلدا ياساپ پۈتتۈردى»** — سۇلايمان ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا 7 يىل، ئۆز ئوردىسىنى قۇرۇشقا 13 يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. پۈتكۈل مۇقەددەس كىتابتا «7» دېگەن رەقەم بەزىدە خۇدا ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىگە باغلىق، «13» بولسا گۇناھ ۋە ئاسىيلىق بىلەن باغلىق بولىدۇ. بىزدە ھېچ گۇمان يوقكى، سۇلايماننىڭ ئۆز ئوردىسىغا 13 يىل سەرپ قىلىشى ئۇنىڭ ئاللىقاچان تەكەببۇر بولۇپ كەتكەنلىكىنى پۈرىتىپ بېرىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ئۇ كۆپرەك ۋاقتىنى ئۆز ئۆيى ئۈستىگە سەرپ قىلغان.
**1:7** 1پاد. 10:9
2:7 **«لىۋان ئورمىنى سارىيى»** — سۇلايماننىڭ ئوردىسىنىڭ «لىۋان ئورمىنى سارىيى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدا لىۋاندىن كەلتۈرۈلگەن چىرايلىق كېدىر ياغاچلىرىنى كۆپ ئىشلەتكەنلىكتىن بولغانىدى. ئوردا ئىچىدە «كېدىر ياغىچى تۈۋرۈكىدىن تۆت قاتار» بولغىنى ئۈچۈن «ئورماندەك» كۆرۈنگەن بولسا كېرەك.
4:7 **«ئۈچ قەۋەتتىكى دېرىزىلەر بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىدى»** — بۇ ئايەتتىكى بەزى ئىبرانىي سۆزلەر ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان بولغاچقا، مەنىسىنى پەقەت پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. باشقا بىر تەرجىمىسى بەلكىم: «ئۈچ قەۋەتتىكى ھەربىر دېرىزە كۆزنەكلىك ئىدى».
5:7 **«ئىشىكلەر ئۈچ كۆزنەكلىك بولۇپ، ئىشىكلەر بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىدى»** — كۆپ باشقا خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن.




## سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانا ۋە دەرگاھ-ساراي

**داۋۇت پادىشاھ قايتىدىن سالغان شەھەردىن سۇلايمان يېڭى قۇرۇپ سالغان يۇرت-مەھەللىگە كىرىش ئۈچۈن، كونا شەھەردىكى قوۋۇقتىن ئۆتۈپ چىقىش كېرەك ئىدى. شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، كىشىلەر ئاۋۋال بىر دەھلىزگا، يەنى «تۈۋرۈكلۈك ئايۋان»غا كىرىدىكەن («1پاد.» 6:7).**

**سول تەرەپتە «لىۋان ئورمىنى سارايى» تېپىلدى («1پاد.» 7:2-5). بۇ ساراي ئاساسەن ساۋۇت-قورااللار ساقلاقلىق ئورۇن ئىدى («1پاد.» 10:16-17)؛ ئۇنىڭدىكى چوڭ زال بولسا تۆت قاتار كېدىر تۈۋرۈكلەر ئۈستىگە سېلىنغان، تاملارغا ئالتۇن قالقان-سىپارلار ئېسىلغان ئىدى.**

**ئوڭ تەرەپتە «سوراق دەھلىزى» تېپىلدى؛ شۇ زالدا سۇلايمان سوراق قىلىپ خەلق ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىراتتى. زالدا ئۇنىڭ ئىنتايىن نەپىز ئىشلەنگەن چوڭ تەختى سېلىنغان ئىدى.**

**«تۈۋرۈكلۈك ئايۋان»دىن ئۆتكەندە كىشىلەر سۇلايماننىڭ ئوردا-سارايىنىڭ ئۆزىگە كىرەلەيتتى («1پاد.» 7:8ئا). ئوردا-ساراي سۇلايمان ئايالى، پىرەۋننىڭ قىزى ئۈچۈن مەخسۇس سالغان قەسرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان («1پاد.» 7:8ئە).**

**شېبانىڭ ئايال پادىشاھى سۇلايماننى يوقلىغاندا بۇ ئوردا-سارايلىرىدىن ئىنتايىن تەسىرلەنگەنىدى («1پاد.» 10-باب).**

**سۇلايماننىڭ بۇ ساراي-دەرگاھىنىڭ ئاساس قۇرۇلۇشى ۋە سېلىنغان تەرتىپىنىڭ ئارخېئولوگلار شىمالىي سۈرىيەدە قېزىپ چىققان قەدىمىي شاھانە ساراي-دەرگاھلارنىڭ قۇرۇلۇش-تەرتىپىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرنەچچە جايلىرى باردۇر.**

**بار ئىدى، ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە تۇۋرۇكلۇك ئايۋان بار ئىدى.**
**7 ئاندىن كېيىن ئۇ سوراق سورايدىغان تەختى ئۈچۈن «سوراق دەھلىزى»**
**دەپ ئاتالغان يەنە بىر دەھلىزنى ياسىدى. ئۇ دەھلىزنىڭ تېگىدىن**
**تارتىپ تورۇسىنىڭ لىملىرىغىچە كېدىر ياغىچى بىلەن قاپلانغانىدى.**
**8 سۇلايمان ئۆزى ئولتۇرىدىغان ساراي، يەنى دەھلىزنىڭ ئارقا**
**ھويلىسىغا جايلاشقان سارايىنىڭ لايىھىسى «سوراق ئۆيى»نىڭكىگە**
**ئوخشاش ئىدى. سۇلايمان ئۆز ئەمرىگە ئالغان پىرەۋننىڭ قىزى ئۈچۈن**
**شۇ دەھلىزگە ئوخشاش بىر سارايىنى ياساتتى.**
**9 بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىچكىرىكى تاملىرىدىن تارتىپ چوڭ**
**ھويلىنىڭ تاملىرىغىچە، ئۇلىدىن تارتىپ ئۆگزىنىڭ پەۋازىغىچە**
**قىممەت تاشلاردىن، يەنى ئۆلچەم بويىچە ئويۇلۇپ ئاندىن ئىچ-تېشى**
**ھەرە بىلەن كېسىلگەن تاشلاردىن ياسالغانىدى. 10 ئۇللىرى بولسا**
**چوڭ ۋە قىممەت تاشلاردىن، ئۇزۇنلۇقى ئون گەز ۋە سەككىز گەز بولغان**
**تاشلاردىن قىلىنغانىدى. 11 ئۇللارنىڭ ئۈستىگە يەنە بېكىتىلگەن**
**ئۆلچەم بويىچە ئويۇلغان قىممەت ئېسىل تاشلار ۋە كېدىر لىملىرى**
**قويۇلغانىدى. 12 چوڭ ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى تام ئۈچ قەۋەت**
**ئويۇلغان تاش ۋە بىر قەۋەت يونۇلغان كېدىر لىملىرىدىن ياسالغانىدى.**
**پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىنىڭ تېمى**
**ۋە يەنە ئوردىدىكى دەھلىزنىڭ تېمىمۇ شۇنداق ياسالغانىدى.**

---

6:7 **«ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بىر دەھلىز بار ئىدى، ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە تۇۋرۇكلۇك ئايۋان بار ئىدى»** — بۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى ئىبرانىيچە ئىبارىلەر ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان بولغاچقا، مەنىسىنى پەقەت پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. «...ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە تۇۋرۇكلۇك ئايۋان بار ئىدى» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «...ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە تۇۋرۇكلەر ۋە پەلەمپەي بار ئىدى».

8:7 **«...يەنى دەھلىزنىڭ ئارقا ھويلىسىغا جايلاشقان سارايىنىڭ...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «...يەنى شۇ ئۆيدىن ئايرىم بولغان، بىر ھويلىلىق، دەھلىز ئىچىگە جايلاشقان ئۆيىنىڭ...».

**8:7** 1پاد. 1:3

12:7 **«ئوردىدىكى دەھلىزنىڭ تېمى...»** — ياكى «ئىبادەتخانىدىكى ئايۋىنىنىڭ تېمى...»

## ئۇستا مىسكەر ھىرامنىڭ ئىبادەتخانىدىكى ئىشلىرى

2تار. 3:15-17؛ 2تار. 4؛ 2تار. 1:5

13 سۇلايمان پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ھىرامنى تۇردىن كەلتۈردى. 14
ئۇ كىشى نافتالى قەبىلىسىدىن بولغان بىر تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى
بولۇپ، ئاتىسى تۇرلۇق بىر مىسكەر ئىدى. ھىرام مىسكەرچىلىكتە
تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىشقا تولىمۇ ئۇستا، پەم-پاراسەتلىك ۋە
بىلىملىك ئىدى. ئۇ سۇلايمان پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ
ھەممە ئىشىنى قىلدى. 15 ئۇ ئۆزى ئىككى تۈۋرۈكنى مىستىن
ياسىدى. ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى ئون سەككىز گەز بولۇپ،
ئايلانمىسى ئون ئىككى گەز ئىدى.
16 بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇش ئۈچۈن مىستىن ئىككى تاجنى
قۇيۇپ ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويدى. بىر تاجنىڭ ئېگىزلىكى
بەش گەز، ئىككىنچى تاجنىڭ ئېگىزلىكىمۇ بەش گەز ئىدى. 17
تۈۋرۈكلەرنىڭ تۆپىسىدىكى تاجلار تورلارغا ئوخشاش زىننەتلىنىپ،
زەنجىرلەر ۋە تورلانغان ھالقىلار بىلەن توقۇلۇق ئىدى. بىر تاجنىڭ
شۇنداق يەتتە قاتار تور ھالقىلىرى بار ئىدى، ئىككىنچى تاجنىڭمۇ
ھەم شۇنداق يەتتە قۇر تور ھالقىلىرى بار ئىدى. 18 ئۇ يەنە ئانارلارنى،
يەنى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەربىر تاجنى يېپىپ تۇرىدىغان تور
ھالقىلارنىڭ ئۈستىگە ئىككى قاتار ئانارنى ياسىدى. ئۇ بىرىنچى
ۋە ئىككىنچى تاجغىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قىلدى. 19 ئايۋاندىكى
تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدىكى تاجلىرى نىلۇپەر شەكىللىك بولۇپ،
ئېگىزلىكى تۆت گەزدىن ئىدى. 20 ئىككى تۈۋرۈكنىڭ تاجلىرىدىكى
تور ھالقىلىرىغا يېقىن تومپىيىپ چىققان جايىنىڭ ئۈستىدە قەۋەتمۇ-
قەۋەت چۆرىدىگەن ئىككى يۈز ئانار نۇسخىسى بار ئىدى. ئىككىنچى
تاجنىڭ چۆرىسىمۇ ئوخشاش ئىدى.

---

13:7 2تار. 12:2

14:7 مىس. 3:31

15:7 2پاد. 16:25، 17؛ يەر. 21:52

**21 ئۇ تۈۋرۈكلەرنى ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدىكى ئايۋانغا تىكلىدى.
ئوڭ تەرىپىگە بىرنى تىكلەپ نامىنى «ياقىن»، سول تەرىپىگە بىرنى
تىكلەپ، نامىنى «بوئاز» ئاتىدى. 22 تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستى نىلۇپەر
شەكلىدە ياسالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىشلىرى
پۈتكەنىدى.
23 ئۇ مىستىن «دېڭىز» دەپ ئاتالغان يوغان داس ياسىدى. ئۇنىڭ شەكلى
دۈگىلەك بولۇپ، ئۇ گىرۋىكىدىن بۇ گىرۋىكىگىچە ئون گەز كېلەتتى؛
ئېگىزلىكى بەش گەز، ئايلانمىسى ئوتتۇز گەز ئىدى. 24 داسنىڭ گىرۋىكى
ئاستى چۆرىدەپ قاپاق نۇسخىلىرى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. بۇلار
داسنىڭ چۆرىسىنىڭ ھەربىر گېزىگە ئوندىن، ئىككى قاتار قويۇلغان
ئىدى. ئۇلار داس بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇيۇپ چىقىرىلغانىدى. 25 داس ئون
ئىككى بۇقا شەكلى ئۈستىدە تۇرغۇزۇلغانىدى. بۇلارنىڭ ئۈچى شىمال
تەرەپكە، ئۈچى غەرب تەرەپكە، ئۈچى جەنۇب تەرەپكە، ئۈچى شەرق
تەرەپكە يۈزلەنگەنىدى. «دېڭىز» بۇلارنىڭ ئۈستىدە ئىدى؛ ئۇلارنىڭ
ئارقىسى ئىچ تەرىپىدە ئىدى. 26 داسنىڭ قېلىنلىقى ئالىقاننىڭ
كەڭلىكىدەك بولۇپ، ئۇنىڭ گىرۋىكى پىيالىنىڭ گىرۋىكىدەك،
شەكلى ئېچىلغان نىلۇپەردەك ئىدى. ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ بات سۇ
سىغاتتى.
27 ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ مىستىن ئون تەگلىكنى ياسىدى. ھەربىر
تەگلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت گەز، كەڭلىكى تۆت گەز بولۇپ،
ئېگىزلىكى ئۈچ گەز ئىدى. 28 بۇ تەگلىكلەر شۇنداق ياسالغانىدىكى،**

---

21:7 **«ئوڭ تەرىپىگە بىرنى تىكلەپ نامىنى «ياقىن»، سول تەرىپىگە بىرنى تىكلەپ، نامىنى «بوئاز» ئاتىدى»** — «ياقىن» دېگەننىڭ مەنىسى بەلكىم «ئۇ مۇستەھكەملەيدۇ»، «بوئاز»نىڭ مەنىسى بەلكىم «ئۇنىڭدا كۈچ بار». ئوڭدىن سولغا ئوقۇغاندا «ئۇ (پەرۋەردىگار) كۈچ بىلەن ئۇنى (بۇ ئۆينى) مۇستەھكەملەيدۇ».

**23:7** 2تار. 2:4؛ يەر. 20:52

**24:7** 2تار. 3:4

26:7 **«ئىككى مىڭ بات»** — بىر بات 22 لىتر بولۇشى مۇمكىن ئىدى؛ ئۇنداقتا 2000 بات 44000 لىتر ئىدى. «دېڭىز»نىڭ شەكلى «داشقان شەكلى»دىكى داس بولسا كېرەك.

**ئۇلارنىڭ رەسىملىك تاختىلىرى بار ئىدى؛ تاختىلىرى رامكىلار
ئىچىگە ئورنىتىلغانىدى. 29 رامكىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەسىم
تاختايلىرىدا ۋە رامكىلارنىڭ ئۈزىدىمۇ شىرلار، بۇقىلار ۋە كېرۇبلارنىڭ
سۈرەتلىك زىننەتلىرى بار ئىدى؛ شىرلار ۋە بۇقىلارنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى
زەنجىرسىمان گۈل چەمبىرەك شەكلىدە زىننەتلەنگەنىدى. 30 ھەربىر
تەگلىكنىڭ مىس ئوقلىرى بىلەن تۆت چاقى بار ئىدى؛ تەگلىكنىڭ
داسنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۆت بۇرجىكىدە جازىسى بار ئىدى؛ داس
ئاستىدىكى پۇتلىرىنىڭ ھەر تەرىپىدە تورلانغان قۇيما گۈل شاخلىرى
ئورنىتىلغانىدى. 31 ھەر تەگلىكنىڭ ئىچىدە چوڭقۇرلۇقى بىر گەز
كېلىدىغان «كىچىك تەگلىك» بولۇپ، ئاغزى دۈگىلەك ئىدى؛ كىچىك
تەگلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم گەز ئىدى؛ ئاغزىنىڭ ئەتراپىدا
نەقىشلەر بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ رامكىلىرى دۈگىلەك ئەمەس، بەلكى
تۆت چاسىلىق ئىدى.**

**32 تۆت چاقى رەسىملىك تاختايلىرى ئاستىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقلىرى
تەگلىككە بېكىتىلگەنىدى. ھەربىر چاقنىڭ ئېگىزلىكى بىر يېرىم
گەز ئىدى. 33 چاقلارنىڭ قۇرۇلمىسى جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرىدەك
ئىدى. ئۇلارنىڭ قازانلىرى، قاسقانلىرى، چېتىقلىرى ۋە ئوقلىرىنىڭ
ھەممىسى مىستىن قۇيۇلغانىدى. 34 ھەربىر تەگلىكنىڭ تۆت
بۇرجىكىدە بىردىن تۆت تۇتقۇچى بار ئىدى؛ ئۇلار تەگلىكتىن چىقىپ
تۇراتتى ۋە ئۇلار تەگلىك بىلەن تەڭ قۇيۇلغان. 35 ھەربىر تەگلىكنىڭ**

---

29:7 **«گۈل چەمبىرەك شەكلىدە زىننەتلەنگەنىدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدىكى نۇسخىسىدا قانداق مەنىدە ئىشلىتىلگىنى بىزگە تېخى ئېنىق ئەمەس.

31:7 **«ھەر تەگلىكنىڭ ئىچىدە چوڭقۇرلۇقى بىر گەز كېلىدىغان «كىچىك تەگلىك» بولۇپ، ... ئۇلارنىڭ رامكىلىرى دۈگىلەك ئەمەس، بەلكى تۆت چاسىلىق ئىدى»** ــ پۈتكۈل ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئالىملار تېخى تولۇق ئېنىقلىغان ئەمەس. بىزنىڭ «پەرەزىي سىخېما»مىزنى كۆرۈڭ.

34:7 **«ھەربىر تەگلىكنىڭ تۆت بۇرجىكىدە بىردىن تۆت تۇتقۇچى بار ئىدى»** ــ مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا «بۇرجەك» («مۈرىلىرى») دېگەن بۇ سۆزنىڭ مۇشۇ يەردە قانداق مەنىدە ئىشلىتىلگىنى تېخى ئېنىق ئەمەس. «تۇتقۇچى» دېگەن مەنىسى ئېھتىماللىققا ئەڭ يېقىن.

تۆپىسىدە ئېگىزلىكى يېرىم گەز كېلىدىغان بىر يۇمىلاق جازا بار
ئىدى. ھەربىر تەگلىكنىڭ تۆپىسىدە تىرەك ۋە رەسىملىك تاختايلار بار
ئىدى. ئۇلار تەگلىك بىلەن تەڭ قۇيۇلغان. [36] ئۇ مۇشۇ تىرەك ۋە رەسىم
تاختايلىرىدىكى بوش ئورۇنلارغا كېرۇب، شىر ۋە خورما دەرەخلىرىنىڭ
نۇسخىلىرىنى ۋە چۆرىسىگە تورلانغان گۈل شاخلىرىنى نەقىش قىلدى.
[37] شۇ تەرىقىدە ئۇ مۇشۇ ئون تەگلىكنى ياساپ بولدى. ھەممىسى بىر
نۇسخىدا قۇيۇلۇپ، ئوخشاش چوڭلۇقتا ۋە شەكىلدە ئىدى.
[38] ئۇ مىستىن ئون داس ياسىغان بولۇپ، ھەربىر داسقا قىرىق بات سۇ
سىغاتتى؛ ھەربىر داسنىڭ توغرىسى تۆت گەز ئىدى. ئون تەگلىكنىڭ
ھەربىرىنىڭ تۆپىسىدە بىردىن داس بار ئىدى. [39] ئۇ بەش داسنى
ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ يېنىدا ۋە بەشنى ئىبادەتخانىنىڭ سول يېنىدا
قويدى؛ مىس دېڭىزنى ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، يەنى شەرقىي
جەنۇب تەرىپىگە قويدى.
[40] ھىرام شۇلارغا تەئەللۇق داس، كۈرەك ۋە قاچا-قۇچىلارنىمۇ ياساپ
تەييار قىلدى. شۇنداق قىلىپ ھىرام سۇلايمان پادىشاھ ئۈچۈن
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ بارلىق قۇرۇلۇش خىزمىتىنى پۈتكۈزدى: —
[41] ئىككى تۈۋرۈك، ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى ئاپقۇرسىمان
ئىككى باش ۋە بۇ ئىككى باشنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىككى تورنى
ياسىتىپ پۈتتۈردى، [42] شۇ ئىككى تور ئۈستىگە قايچىلاشتۇرۇلغان
تۆت يۈز ئانارنى ياساتتى. بىر توردا ئىككى قاتار ئانار بولۇپ، تۈۋرۈك
ئۈستىدىكى؛ ئاپقۇرسىمان ئىككى باشنى يېپىپ تۇراتتى. [43] ئۇ ئون
داس تەگلىكى ۋە داس تەگلىكىگە قويۇلىدىغان ئون «يۇيۇش دېسى»نى،
[44] «مىس دېڭىز» ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئون ئىككى مىس بۇقىنى
ياساتقۇزدى، [45] قازانلارنى، كۈرەكلەرنى ۋە قاچا-قۇچىلارنىمۇ تەييار
قىلدى. ھىرام پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈچۈن سۇلايمان پادىشاھنىڭ
ئەمرى بىلەن ياسىغان بۇ ھەممە نەرسىلەر پارقىرايدىغان مىستىن
ئىدى.

**38:7** 2تار. 6:4

46 پادىشاھ ئۇلارنى ئىئوردان تۈزلەڭلىكىدە، سۇككوت بىلەن زارەتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا، شۇ يەردىكى سېغىزلايدا قېلىپ ياساپ، قۇيدۇرۇپ چىقتى.
47 بۇ نەرسىلەر شۇنچە كۆپ بولغاچقا، سۇلايمان ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىمىدى. شۇنىڭ بىلەن مىسنىڭ ئېغىرلىقى مەلۇم بولمىدى.
48 سۇلايمان يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئىچىدىكى بارلىق ئەسۋابلارنى ياساتتى: ــ يەنى ئالتۇن خۇشبۇيگاھنى، «تەقدىم نان» قويۇلىدىغان ئالتۇن شىرەنى، 49 كالامخانا ئالدىدا تۇرىدىغان ساپ ئالتۇن چىراغدانلارنى (بەشنى ئوڭ يېنىدا، بەشنى سول يېنىدا) ياساتتى؛ ۋە شۇلارنىڭ گۈلسىمان زىننەتلىرىنى، چىراغلىرىنى، چىراغ قىسقۇچلىرىنى ئالتۇندىن ياساتتى؛ 50 داس-پىيالىلىرىنى، پىچاقلىرىنى، قاچىلىرىنى، تەخسىلىرىنى ۋە كۈلدانلارنىڭ ھەممىسىنى ساپ ئالتۇندىن ياساتتى؛ ئۇ ئىچكىرىكى خانىنىڭ، يەنى ئەڭ مۇقەددەس جاينىڭ قاتلىنىدىغان، قوش قاناتلىق ئىشىكلەرنىڭ گىرەلىرىنى ۋە ئۆيدىكى مۇقەددەس جاينىڭ ئىشىكلىرىنىڭ گىرەلىرىنى ئالتۇندىن ياساتتى.
51 سۇلايمان پادىشاھ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈچۈن قىلدۇرىدىغان ھەممە قۇرۇلۇشلار تامام بولغاندا، ئۇ ئاتىسى داۋۇت خۇداغا ئاتىغان نەرسىلەرنى (يەنى كۈمۈش، ئالتۇن ۋە تۈرلۈك باشقا بۇيۇملارنى) ئەكەلتۈرۈپ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ خەزىنىلىرىگە قويدۇردى.

---

48:7 **«تەقدىم نانلار»** ــ باشقا خىل تەرجىملىرى: «ھۇزۇرىي نان»لار، «خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىكى نان»لار) ياكى «تىزىلغان نان». ئۇلار ۋە ئالتۇن شىرە توغرۇلۇق «مىس.» 23:25-30 ۋە «لاۋ.» 5:24-9نى كۆرۈڭ.

**48:7** مىس. 23:25؛ 1:30

**51:7** 2سام. 8:7، 11؛ 2تار. 1:5

## سۇلايمان ئەھدە ساندۇقىنى ئىبادەتخانىغا ئەكىلىپ قويىدۇ

2تار. 5:2-14؛ 2تار. 6؛ 2تار. 7:1-10

8 [1]شۇ چاغدا سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى «داۋۇت
شەھىرى»دىن، يەنى زىئوندىن يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن ئىسرائىل
ئاقساقاللىرىنى، قەبىلە بەگلىرىنى ۋە ئىسرائىل جەمەتلىرىنىڭ
بەگلىرىنى يېرۇسالېمغا ئۆز يېنىغا يىغىلىشقا چاقىردى.
[2]بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى ئېتانىم ئېيىدا،
يەنى يەتتىنچى ئايدىكى بېكىتىلگەن ھېيتتا سۇلايمان پادىشاھنىڭ
قېشىغا يىغىلدى. [3]ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى يېتىپ
كەلگەندە لاۋىيلار ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. [4]ئۇلار
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى، جامائەت چېدىرى بىلەن ئۇنىڭ
ئىچىدىكى بارلىق مۇقەددەس بويۇملارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى.
كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار مۇشۇلارنى ئېلىپ چىقتى.
[5]سۇلايمان پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىلغان بارلىق ئىسرائىل
جامائىتى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، كۆپلىكىدىن سانىنى
ئېلىپ بولمايدىغان سان-ساناقسىز قوي بىلەن كالىلارنى قۇربانلىق
قىلىشاتتى. [6]كاھىنلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئۆز جايىغا،
ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى «كالامخانا»سىغا، يەنى ئەڭ مۇقەددەس
جايغا ئېلىپ كىرىپ، كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا قويدى.
[7]چۈنكى كېرۇبلارنىڭ يېيىلىپ تۇرغان قانىتى ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئورنى ئۈستىدە بولغاچقا، ئەھدە ساندۇقى بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ

---

**8:1 ««داۋۇت شەھىرى»...، يەنى زىئون...»** — «زىئون» يېرۇسالېمنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزلىك بولۇپ، شۇ يەرگە دائىم قورغان سېلىنىپ تۇراتتى. كېيىن ئىبادەتخانىمۇ زىئوندا قۇرۇلغان.

**8:1** 2سام. 5:9؛ 6:12، 17؛ 2تار. 5:2

**8:2 «يەتتىنچى ئايدىكى بېكىتىلگەن ھېيت»** — يەنى «كەپىلەر ھېيتى» ياكى «مېۋە ھوسۇل ھېيتى». بۇ ھېيت 7-ئاينىڭ 15-22 كۈنلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ («لاۋ.» 23:34-43). ئىسرائىلنىڭ ئەرلىرى ئۇنىڭغا يېرۇسالېمدا قاتنىششى لازىم ئىدى.

**8:4 «جامائەت چېدىرى»** — يەنى «جامائەت يىغىلىدىغان چېدىر» ياكى «ئىبادەت چېدىرى».

**8:6 «كالامخانا»** — 6:16 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

تۇرىدىغان بالداقلارنى يېپىپ تۇراتتى. [8]بۇ بالداقلار ناھايىتى ئۇزۇن
بولغاچقا، كالامخانىنىڭ ئالدىدىكى مۇقەددەس جايدا تۇرۇپ، ئەھدە
ساندۇقىنىڭ يېنىدىكى ئىككى بالداقنىڭ ئۇچلىرىنى كۆرگىلى
بولاتتى، بىراق ئۆيىنىڭ سىرتىدا ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايتتى؛ بۇ بالداقلار
تاكى بۈگۈنگە قەدەر شۇ يەردە تۇرماقتا. [9]ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىچىدە
مۇسا پەيغەمبەر ھورەب تېغىدا تۇرغاندا ئىچىگە سالغان ئىككى تاش
تاختايدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى (ئىسرائىللار مىسىر زېمىنىدىن
چىققاندىن كېيىن پەرۋەردىگار ئۇلار بىلەن ھورەبدە ئەھدە تۈزگەنىدى).
[10] ۋە شۇنداق بولدىكى، كاھىنلار مۇقەددەس جايدىن چىقىشىغىلا،
بىر بۇلۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قاپلىۋالدى. [11] كاھىنلار
بۇلۇت تۈپەيلىدىن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەشكە ئۆرە تۇرالمايتتى؛ چۈنكى
پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى تولدۇرغانىدى.
[12] بۇ پەيتتە سۇلايمان: ــ پەرۋەردىگار تۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرىمەن، دەپ
ئېيتقانىدى؛
[13] لېكىن، ئى پەرۋەردىگار، مەن دەرۋەقە سېنىڭ ئۈچۈن بىر ھەيۋەتلىك
ماكان بولسۇن دەپ، سەن مەڭگۈ تۇرىدىغان بىر ئۆينى ياسىدىم، دېدى.
[14] ئاندىن پادىشاھ بۇرۇلۇپ بارلىق ئىسرائىل جامائىتىگە بەخت
تىلىدى؛ ئىسرائىلنىڭ بارلىق جامائىتى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. [15]
ئۇ مۇنداق دېدى: ــ «ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-

**8:8 «بۇ بالداقلار تاكى بۈگۈنگە قەدەر شۇ يەردە تۇرماقتا»** ــ «بۈگۈنگە قەدەر...» دېگەن سۆزلەر ئىبادەتخانا تېخى ئۆز جايىدا تۇرغان ۋاقىتتا خاتىرىلەنگەن، ئەلۋەتتە، ۋە شۇڭلاشقا شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، «پادىشاھلار»نىڭ كۆپ قىسمىلىرى يەھۇدادىكىلەرنىڭ سۈرگۈن بولۇشىدىن ئىلگىرى يېزىلغان. «2پاد.» 24-25 بابلىرىنى بەلكىم كېيىنكى بىر پۈتۈكچى قوشۇپ يازغان بولۇشى مۇمكىن.

**9:8 «ھورەب تېغى»** ــ سىناي تېغىنىڭ باشقا بىر ئىسمىدۇر.

**9:8** مىس. 27:34

**11:8** مىس. 34:40، 35؛ 2تار. 2:7

**12:8** مىس. 21:20؛ لاۋ. 2:16؛ قان. 11:4؛ 22:5؛ 2تار. 1:6

**13:8 «سېنىڭ ئۈچۈن بىر ھەيۋەتلىك ماكان»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى «سېنىڭ ئۈچۈن بۇر تۇرالغۇ ماكان». **«ھەيۋەتلىك ماكان»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى «تۇرالغۇ ماكان».

**13:8** 1پاد. 39:8، 49؛ مىس. 17:15؛ يۇ. 2:14

مەدھىيە بولغاي! ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئاتام داۋۇتقا ۋەدە قىلغانىدى ۋە
ئۆز قولى بىلەن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ داۋۇتقا يەنە: ــ
16 «مەن ئۆز خەلقىم ئىسرائىلنى مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىققان
كۈندىن بۇيان نامىم ئۈچۈن بۇ يەردە بىر ئۆي سالاي دەپ ئىسرائىلنىڭ
ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ شەھەرلىرىدىن ھېچقايسىسىنى
تاللىمىدىم؛ بىراق خەلقىم بولغان ئىسرائىلغا ھۆكۈمرانلىق
قىلسۇن دەپ داۋۇتنى تاللىدىم» دېگەنىدى. 17 ئەمدى ئاتام داۋۇتنىڭ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا ئاتاپ بىر ئۆي سېلىش
ئارزۇ-نىيىتى بار ئىدى. 18 بىراق پەرۋەردىگار ئاتام داۋۇتقا: «كۆڭلۈڭدە
مېنىڭ نامىمغا بىر ئۆي ياساشقا قىلغان نىيىتىڭ ياخشىدۇر؛ 19 ئەمما
شۇ ئۆينى سەن ياسىمايسەن، بەلكى سېنىڭ پۇشتۇڭدىن بولىدىغان
ئوغلۇڭ، ئۇ مېنىڭ نامىمغا ئاتاپ شۇ ئۆينى سالىدۇ»، دېگەنىدى.
20 مانا ئەمدى پەرۋەردىگار ئۆز سۆزىگە ئەمەل قىلدى. مەن پەرۋەردىگار
ۋەدە قىلغىنىدەك، ئاتامنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئىسرائىلنىڭ تەختىگە
ئولتۇردۇم؛ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا ئاتاپ بۇ
ئۆينى سالدىم. 21 ئۆيدە ئەھدە ساندۇقى ئۈچۈن بىر جاينى راسلىدىم؛
ئەھدە ساندۇقى ئىچىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى مىسىر
زېمىنىدىن ئېلىپ چىققاندا، ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدە تاختىلىرى
باردۇر».

## سۇلايمان ئىسرائىل ئۈچۈن دۇئا قىلدۇ

22 ئاندىن سۇلايمان ئىسرائىلنىڭ بارلىق جامائىتىگە يۈزلىنىپ،
پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانگاھىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قوللىرىنى ئاسمانغا
قارىتىپ كۆتۈرۈپ 23 مۇنداق دۇئا قىلدى: ــ «ئى ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى پەرۋەردىگار! نە يۇقىرىقى ئاسماندا نە تۆۋەنكى يەردە

**16:8** 2سام. 6:7؛ 2تار. 5:6
**17:8** 2سام. 2:7؛ 1تار. 1:17؛ 2تار. 7:6
**22:8** 2تار. 12:6

سەندەك خۇدا يوقتۇر؛ ئالدىڭدا پۈتۈن قەلبى بىلەن ماڭىدىغان
قۇللىرىڭ ئۈچۈن ئەھدەڭدە تۇرۇپ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى
كۆرسەتكۈچىسەن. [24] چۈنكى سەن ئۆز قۇلۇڭ ئاتام داۋۇتقا بەرگەن
ۋەدىدە تۇردۇڭ؛ سەن ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېيتقان سۆزۈڭگە مانا
بۈگۈنكىدەك ئۆز قولۇڭ بىلەن ئەمەل قىلدىڭ. [25] ئەمدى ھازىر، ئى
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار، ئۆز قۇلۇڭ ئاتام داۋۇتقا: ــ «ئەگەر
سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئۆز يوللىرىغا سەگەك بولۇپ سەن مېنىڭ ئالدىمدا
ماڭغاندەك ماڭىدىغان بولسا، ساڭا ئەۋلادىڭدىن ئىسرائىلنىڭ
تەختىدە ئولتۇرىدىغان بىر زات كەم بولمايدۇ» دەپ بەرگەن ۋەدەڭدە تۇرغ
ايسەن. [26] ئەمدى ھازىر، ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، سەن قۇلۇڭ داۋۇتقا
ئېيتقان سۆزلىرىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاي، دەپ ئۆتۈنىمەن!
[27] لېكىن خۇدا ئۆزى راستىلا يەر يۈزىدە ماكان قىلامدۇ؟ مانا، ئاسمانلار
بىلەن ئاسمانلارنىڭ ئاسمىنى سېنى سىغدۇرالمىغان يەردە، مەن
ياسىغان بۇ ئۆي قانداقمۇ سېنىڭ ماكانىڭ بولالىسۇن؟! [28] لېكىن ئى
پەرۋەردىگار خۇدايىم، قۇلۇڭنىڭ دۇئاسى بىلەن ئىلتىجاسىغا قۇلاق
سېلىپ، قۇلۇڭنىڭ بۈگۈن ساڭا كۆتۈرگەن نىداسى ۋە تىلىكىنى
ئاڭلىغايسەن؛ [29] شۇنىڭ بىلەن ئۆز كۆزلىرىڭنى كېچە-كۈندۈز بۇ
ئۆيگە، يەنى سەن: «مېنىڭ نامىم ئۇ يەردە ئايان بولسۇن» دەپ ئېيتقان
جايغا كېچە-كۈندۈز تىككەيسەن؛ ئۆز قۇلۇڭنىڭ ئۇ جايغا قاراپ
قىلغان دۇئاسىغا قۇلاق سالغايسەن. [30] قۇلۇڭ ۋە خەلقىڭ ئىسرائىل
بۇ جايغا قاراپ دۇئا قىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىلتىجاسىغا قۇلاق
سېلىپ، ئۆز ماكانىڭ قىلغان ئاسمانلاردىن تۇرۇپ ئاڭلىغايسەن،
ئاڭلىغىنىڭدا ئۇلارنى كەچۈرگەيسەن.
[31] ئەگەر بىرسى ئۆز قوشنىسىغا گۇناھ قىلسا ۋە شۇنداقلا ئىشنىڭ

**25:8** 2سام. 12:7، 16؛ 1پاد. 4:2؛ زەب. 12:132
**27:8** 2تار. 5:2؛ يەش. 1:66؛ يەر. 24:23؛ روس. 49:7
29:8 **«ئۇ جايغا قاراپ قىلغان دۇئاسىغا...»** ــ ياكى بولمىسا: «ئۇ جاي توغرىسىدىكى دۇئاسى...».
**29:8** قان. 11:12

راست-يالغانلىقىنى بېكىتىش ئۈچۈن قەسەم ئىچكۈزۈلسە، بۇ قەسەم
بۇ ئۆيدىكى قۇربانگاھىڭنىڭ ئالدىغا كەلسە، [32] سەن قەسەمنى
ئاسماندا تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئامال قىلىپ ئۆز بەندىلىرىڭ ئوتتۇرىسىدا
ھۆكۈم چىقارغايسەن؛ گۇناھى بار ئادەمنى گۇناھقا تارتىپ، ئۆز يولىنى
ئۆز بېشىغا ياندۇرۇپ، گۇناھسىز ئادەمنى ئاقلاپ، ئۆز ئادىللىقىغا
قاراپ ئۇنىڭغا ھەققىنى بەرگەيسەن.
[33] ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىل سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن
دۈشمەندىن يېڭىلسە، ساڭا قايتىپ بۇ ئۆيدە تۇرۇپ، نامىڭنى
ئېتىراپ قىلىپ، ساڭا دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلسا، [34] سەن ئاسماندا
ئاڭلاپ، ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارنى سەن
ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقدىم قىلغان زېمىنغا قايتۇرۇپ كەلگەيسەن.
[35] ئۇلار ساڭا گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن ئاسمان ئېتىلىپ يامغۇر
ياغمايدىغان قىلىۋېتىلگەن بولسا، لېكىن ئۇلار بۇ جايغا قاراپ ساڭا
دۇئا قىلىپ نامىڭنى ئېتىراپ قىلىپ، سېنىڭ ئۇلارنى قىيىنچىلىققا
سالغىنىڭ تۈپەيلىدىن ئۆز گۇناھىدىن يېنىپ توۋا قىلسا، [36] سەن
ئاسماندا تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ، قۇللىرىڭنىڭ ۋە خەلقىڭ ئىسرائىلنىڭ
گۇناھىنى كەچۈرگەيسەن؛ چۈنكى سەن ئۇلارغا مېڭىش كېرەك بولغان
ياخشى يولنى ئۆگىتىسەن ۋە ئۆز خەلقىڭگە مىراس قىلىپ بەرگەن
زېمىنىڭنىڭ ئۈستىگە يامغۇر ياغدۇرىسەن!
[37] ئەگەر زېمىندا ئاچارچىلىق يا ۋابا بولسا، يا زىرائەتلەر دان ئالمىسا يا ھال
چۈشسە يا ئۇنى چېكەتكىلەر ياكى چېكەتكە لېچىنكىلىرى بېسىۋالسا،
يا دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ زېمىنىدىكى شەھەرلىرىنىڭ قوۋۇقلىرىغا ھۇجۇم

---

**8:31 «ئەگەر بىرسى ئۆز قوشنىسىغا ... ئىشنىڭ راست-يالغانلىقىنى بېكىتىش ئۈچۈن قەسەم ئىچكۈزۈلسە، بۇ قەسەم بۇ ئۆيدىكى قۇربانگاھىڭنىڭ ئالدىغا كەلسە...» —** بۇنداق قەسەم توغرۇلۇق «چۆل.» 5:11-31نى كۆرۈڭ. «قەسەم بۇ ئۆيدىكى قۇربانگاھىڭنىڭ ئالدىغا كەلسە...» مۇمكىنچىلىكى باركى، ئىسرائىلدا مۇشۇنداق قەسەملەرنى ئىچىش ئۈچۈن قۇربانگاھنىڭ ئالدىغا كېلىش كېرەك ئەمەس ئىدى، پەقەت: «خۇدانىڭ قۇربانگاھى ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى...» دېگەندەك سۆزلەر ئېيتىلغان بولسا «قۇربانگاھ ئۆز ئالدىدا تۇرغاندەك» ھېسابلىناتتى.

قىلىپ قورشىۋالسا، يا ھەرقانداق ئاپەت يا كېسەللىك بولسا، [38] سېنىڭ
خەلقىڭ بولغان ئىسرائىلدىكى ھەرقانداق كىشى ئۆز كۆڭلىدىكى
ۋابانى بىلىپ، ئۇلاردىن ھەرقايسى كىشى قوللىرىنى بۇ ئۆيگە سۇنۇپ،
ھەرقانداق دۇئا ياكى ئىلتىجا قىلغان بولسا، [39] ئەمدى سەن تۇرۇۋاتقان
ماكانىڭ ئاسماندا تۇرۇپ ئاڭلاپ، كەچۈرۈم قىلغايسەن؛ سەن ھەربىر
ئادەمنىڭ قەلبىنى بىلگەچكە، ئامال قىلىپ ئۆزىنىڭ يوللىرىنى
ئۆزىگە ياندۇرغايسەن (چۈنكى سەنلا، يالغۇز سەنلا ھەممە ئىنسان
بالىلىرىنىڭ قەلبلىرىنى بىلگۈچىدۇرسەن)؛ [40] شۇنداق قىلىپ، ئۇلار
سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا تەقدىم قىلغان زېمىندا ئولتۇرۇپ ئۆمرىنىڭ
ھەممە كۈنلىرىدە سەندىن قورقىدىغان بولىدۇ.
[41] ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىلدىن بولمىغان، سېنىڭ ئۇلۇغ نامىڭ تۈپەيلىدىن
يىراق-يىراقلاردىن كەلگەن مۇساپىر بولسا [42] (چۈنكى ئۇلار سېنىڭ
ئۇلۇغ نامىڭ، قۇدرەتلىك قولۇڭ ۋە سوزغان بىلىكىڭ توغرىسىدا
ئاڭلىيلايدۇ)، ــ ئۇنداق بىرسى كېلىپ بۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلسا،
[43] سەن تۇرۇۋاتقان ماكانىڭ بولغان ئاسمانلاردا ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ،
ئۇ مۇساپىر ساڭا نىدا قىلىپ تىلىگىنىنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق
قىلغايسەن؛ شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر نامىڭنى تونۇپ
يېتىپ، ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىلدەك سەندىن قورقىدىغان بولۇپ، مەن
ياسىغان بۇ ئۆيىنىڭ سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتالغىنىنى بىلىدۇ.
[44] ئەگەر سېنىڭ خەلقىڭ سېنىڭ تاپشۇرۇقۇڭ بىلەن دۈشمىنى بىلەن
جەڭ قىلىشقا چىققاندا، سەن تاللىغان بۇ شەھەرگە، شۇنداقلا مەن
نامىڭغا ئاتاپ ياسىغان بۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ سەن پەرۋەردىگارغا دۇئا
قىلسا، [45] سەن ئاسمانلاردا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ئىلتىجاسىغا
قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنى نۇسرەتكە ئېرىشتۈرگەيسەن.
[46] ئەگەر ئۇلار ساڭا گۇناھ سادىر قىلغان بولسا (چۈنكى گۇناھ

---

43:8 **«بۇ ئۆي سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتىلىدۇ»** ــ بۇ ئىبارە خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى توغرۇلۇق «بۇ ئۆي مېنىڭكىدۇر» ۋە «بۇ ئۆيدە مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىم ئايان قىلىنىدۇ» دېگەندەك ئىككى مەقسىتىنى كۆرسىتىدۇ.

قىلمايدىغان ھېچكىشى يوقتۇر) سەن ئۇلارغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى
دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرغان بولساڭ، ئۇلار ئۇلارنى يىراق-يېقىنغا،
ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىغا سۈرگۈن قىلىپ ئېلىپ بارغان بولسا، [47] لېكىن ئۇلار
سۈرگۈن قىلىنغان يۇرتتا ئەس-ھوشىنى تېپىپ توۋا قىلىپ، ئۆزى سۈرگۈن
بولغان يۇرتتا ساڭا: ــ بىز گۇناھ قىلىپ، قەبىھلىككە بېرىلىپ سەندىن
يۈز ئۆرۈپ كەتتۇق، دەپ يېلىنسا، [48] ــ ئەگەر ئۇلارنى سۈرگۈن قىلغان
دۈشمەنلىرىنىڭ زېمىنىدا پۈتۈن قەلبى ۋە پۈتۈن جېنىدىن سېنىڭ
تەرىپىڭگە يېنىپ، سەن ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقدىم قىلغان
زېمىنغا، سەن تاللىغان شەھەر تەرەپكە ۋە مەن نامىڭغا ئاتاپ ياسىغان
بۇ ئۆيگە تەرەپكە يۈزىنى قىلىپ، ساڭا قاراپ دۇئا قىلسا، [49] سەن تۇرۇۋاتقان
ماكانىڭ بولغان ئاسمانلاردا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دۇئاسى ۋە ئىلتىجاسىنى
ئاڭلاپ ئۇلار ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىپ، [50] ئۆز خەلقىڭنىڭ ساڭا سادىر
قىلغان گۇناھىنى، ساڭا ئۆتكۈزگەن ھەممە ئىتائەتسىزلىكلىرىنى
كەچۈرۈم قىلغايسەن ۋە ئۇلارنى سۈرگۈن قىلغانلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارغا
رەھىم تاپقۇزغايسەنكى، شۇلار ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن [51] (چۈنكى ئۇلار
ئۆزۈڭ مىسىردىن، يەنى تۆمۈر تاۋلاش پېچىدىن چىقارغان ئۆز خەلقىڭ
ۋە ئۆز مىراسىڭدۇر)؛ [52] سېنىڭ كۆزلىرىڭ ئۆز قۇلۇڭنىڭ ئىلتىجاسىغا
ۋە ئۆز خەلقىڭنىڭ ئىلتىجاسىغا ئوچۇق بولغاي، ئۇلار ھەر ئىشتا
ساڭا نىدا قىلىپ تىلىگىنىدە ئۇلارغا قۇلاق سالغايسەن؛ [53] چۈنكى
سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى مىسىردىن چىقارغىنىڭدا ئۆز قۇلۇڭ مۇسا
ئارقىلىق ئېيتقىنىڭدەك، سەن خەلقىڭنى ئۆزۈڭگە خاس مىراسىڭ
بولسۇن دەپ، يەر يۈزىدىكى ھەممە ئەللەر ئارىسىدىن ئۇلارنى ئايرىم
ئېلىپ تاللىدىڭ، ئى رەب پەرۋەردىگار!».
[54] سۇلايمان پەرۋەردىگارغا شۇ بارلىق دۇئا ۋە ئىلتىجالىرىنى قىلىپ
بولغاندا، قوللىرىنى ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈپ پەرۋەردىگارنىڭ
قۇربانگاھىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرغان يەردىن قوپۇپ، [55] ئۆرە

---

**46:8** 2تار. 36:6؛ پەند. 9:20؛ توپ. 20:7؛ 1يۇھ. 8:1، 10

**53:8** مىس. 5:19؛ قان. 20:4؛ 6:7؛ 26:9، 29؛ 2:14

تۇرۇپ ئىسرائىلنىڭ بارلىق جامائىتىگە يۇقىرى ئاۋازدا بەخت
تىلەپ مۇنداق دېدى: ــ [56] «ئۇنىڭ بارلىق ۋەدە قىلغىنى بويىچە ئۆز
خەلقى ئىسرائىلغا ئارام بەرگەن پەرۋەردىگار مۇبارەكتۇر! ئۇ ئۆز قۇلى
مۇسانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن قىلغان ھەممە مېھرىبانە ۋەدىلەرنىڭ
ھېچبىرى يەردە قالمىدى!
[57] پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىلەن بولغاندەك بىز بىلەن
بىللە بولغاي؛ ئۇ نە بىزدىن ۋاز كەچمىسۇن نە بىزنى تاشلىمىسۇن؛ [58] بۇنىڭ
بىلەن ئۇ قەلبىمىزنى ئۇنىڭ يوللىرىدا مېڭىشقا، ئۆزى ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا
بۇيرۇغان ئەمرلەر، بەلگىلىمىلەر ۋە ھۆكۈملەرنى تۇتۇشقا ئۆزىگە مايىل
قىلغاي؛ [59] مېنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئىلتىجا قىلغان بۇ سۆزلىرىم
كېچە-كۈندۈز پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ يېنىدا تۇرسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن
ئۆز قۇلۇلۇڭ ئۈچۈن توغرا ھۆكۈم قىلىپ، خەلقىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن توغرا
ھۆكۈم قىلىپ، ھەر كۈندىكى دەردىگە يەتكەيسەن؛ [60] شۇنىڭ بىلەن يەر
يۈزىدىكى ھەممە ئەللەر پەرۋەردىگار ئۆزى خۇدادۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسى
ھېچقايسىسى يوقتۇر دەپ بىلگەي، [61] شۇنداقلا بۈگۈن قىلغىنىڭلارغا
ئوخشاش ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىدە مېڭىشقا ۋە ئەمرلىرىنى تۇتۇشقا
قەلبىڭلار پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا مۇكەممەل بولغاي!».

## سۇلايمان ئىبادەتخانىنى خۇداغا ئاتايدۇ

[62] ۋە پادىشاھ پۈتۈن ئىسرائىل بىلەن بىللە پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا قۇربانلىقلارنى قىلدى. [63] سۇلايمان پەرۋەردىگارغا ئىناقلىق
قۇربانلىقى سۈپىتىدە يىگىرمە ئىككى مىڭ كالا ۋە بىر يۈز
يىگىرمە مىڭ قوي قۇربانلىق قىلدى. پادىشاھ بىلەن بارلىق
ئىسرائىللار شۇنداق قىلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئۇنىڭغا
بېغىشلىدى. [64] شۇ كۈنى پادىشاھ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ

---

**56:8** يە. 45:21

**60:8** قان. 35:4، 39

**63:8** 2تار. 5:7-10

ئالدىدىكى ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ مۇقەددەس قىلىپ، ئۇ يەردە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار، ئاشلىق ھەدىيەلىرى ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ ياغلىرىنى سۇندى؛ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرغان مىس قۇربانگاھ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار، ئاشلىق ھەدىيەلىرى ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ ياغلىرىنى قوبۇل قىلىشقا كىچىك كەلدى. [65] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاقىتتا سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان پۈتۈن ئىسرائىل، يەنى خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىدىن تارتىپ مىسىر ئېقىنىغىچە ھەممە يەرلەردىن كەلگەن زور بىر جامائەت پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا يەتتە كۈن ۋە يەنە يەتتە كۈن، جەمئىي ئون تۆت كۈنگىچىلىك ھېيت ئۆتكۈزدى. [66] سەككىزىنچى كۈنىدە ئۇ خەلقنى قايتۇردى؛ ئۇلار پادىشاھنىڭ بەختىنى تىلىدى؛ ئاندىن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز قۇلى داۋۇتقا ۋە خەلقى ئىسرائىلغا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن قەلبىدە شاد-خۇرام بولۇپ ئۆز ئۆي-چېدىرلىرىگە قايتىپ كەتتى.

## پەرۋەردىگار سۇلايمانغا ۋەدە ھەم ئاگاھ بېرىدۇ

2تار. 7:11-22

9 [1] سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى، پادىشاھ ئوردىسى ۋە شۇنداقلا
قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان باشقا قۇرۇلۇشلارنى كۆڭلىدىكىدەك
پۈتكۈزۈپ بولغاندا، [2] پەرۋەردىگار سۇلايمانغا گىبېئوندا كۆرۈنگەندەك

---

64:8 2تار. 7:7

65:8 «خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىدىن تارتىپ...» ــ ياكى «لىبو-خاماتتىن تارتىپ». «...جامائەت پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا يەتتە كۈن ۋە يەنە يەتتە كۈن، جەمئىي ئون تۆت كۈنگىچىلىك ھېيت ئۆتكۈزدى» ــ «كەپىلەر ھېيتى»نىڭ بېكىتىلگەن ۋاقتى يەتتە كۈن ئىدى. ئىسرائىللار مۇشۇ ۋاقىتقا يەنە يەتتە كۈن قوشتى.

66:8 «سەككىزىنچى كۈنىدە» ــ دېمەك، ئىككىنچى «يەتتە كۈن»دىن كېيىنكى كۈندە.

1:9 2تار. 11:7

ئەمدى ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭغا كۆرۈندى.
3 پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ــ «سەن مېنىڭ ئالدىمدا
قىلغان دۇئا ۋە ئىلتىجايىڭنى ئاڭلىدىم؛ مېنىڭ نامىم ئۇنىڭدا
ئەبەدگىچە ئايان قىلىنىشى ئۈچۈن، سەن ياسىغان بۇ ئۆينى ئۆزۈمگە
مۇقەددەس قىلدىم. مېنىڭ كۆزلىرىم ۋە كۆڭلۈم شۇ يەردە ھەمىشە
بولىدۇ. 4 سەن بولساڭ، ئاتاڭ داۋۇتنىڭ ئالدىمدا ماڭغىنىدەك،
سەنمۇ ساڭا بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلىش
ئۈچۈن، بەلگىلىمىلىرىم ۋە ھۆكۈملىرىمنى تۇتۇپ، پاك كۆڭۈل ۋە
دۇرۇسلۇق بىلەن ئالدىمدا ماڭساڭ، 5 مەن ئەمدى ئاتاڭ داۋۇتقا:
«ئىسرائىلنىڭ تەختىدە ساڭا ئەۋلادىڭدىن ئولتۇرۇشقا بىر
زات كەم بولمايدۇ» دەپ ۋەدە قىلغىنىمدەك، مەن پادىشاھلىق
تەختىڭنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە ئەبەدگىچە مەھكەم قىلىمەن.
6 لېكىن ئۆزۈڭ يا ئوغۇللىرىڭ ماڭا ئەگىشىشتىن ۋاز كېچىپ مەن
ئالدىڭلاردا قويغان ئەمرلىرىم بىلەن بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتماي،
بەلكى باشقا ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرىپ ئۇلارغا سەجدە قىل
ساڭلار، 7 شۇ چاغدا مەن ئىسرائىلنى ئۇلارغا تەقدىم قىلغان
زېمىندىن ئۈزۈپ چىقىرىمەن؛ ۋە ئۆز نامىمنى كۆرستىشكە
ئۆزۈمگە مۇقەددەس قىلغان بۇ ئۆينى نەزىرىمدىن تاشلايمەن ۋە
ئىسرائىل ھەممە خەلقلەر ئارىسىدا سۆز-چۆچەك ۋە تاپا-تەنىنىڭ
ئوبيېكتى بولىدۇ؛ 8 بۇ ئۆي گەرچە ھازىر كۆركەم كۆرۈنسىمۇ، شۇ
زاماندا ئۇنىڭدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى زور ھەيران قېلىشىپ
ئۈشقىرتىپ: «پەرۋەردىگار بۇ زېمىنغا ۋە بۇ ئۆيگە نېمىشقا شۇنداق

---

**2:9** 1پاد. 5:3

**3:9** قان. 11:12؛ 1پاد. 29:8

**5:9** 2سام. 12:7، 16؛ 1پاد. 12:6؛ 4:2؛ 1تار. 10:22؛ زەب. 28:89-29؛ 12:132

**6:9** 2سام. 14:7؛ زەب. 30:89-32

**7:9** قان. 37:28؛ يەر. 15:7

قىلدى؟» دەپ سورايدۇ.
[9] كىشىلەر: ــ چۈنكى زېمىنىدىكى خەلقلەر ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنى مىسىر
زېمىنىدىن چىقارغان پەرۋەردىگار خۇداسىنى تاشلاپ، ئۆزلىرىنى باشقا
ئىلاھلارغا باغلاپ، ئۇلارغا سەجدە قىلىپ قۇللۇقىدا بولغانلىقى
ئۈچۈن، پەرۋەردىگار بۇ پۈتكۈل كۈلپەتنى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈپتۇ،
دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

## تاشقى ئىشلار ۋە باشقا قۇرۇلۇشلار

2تار. 8:1-18

[10] شۇنداق بولدىكى، يىگىرمە يىل ئۆتۈپ، سۇلايمان ئۇ ئىككى ئۆينى،
يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى بىلەن پادىشاھ ئۆيىنى ياساپ بولغاندىن
كېيىن، [11] تۇرنىڭ پادىشاھى ھىرام سۇلايمانغا بارلىق تەلەپلىرى
بويىچە كېدىر دەرەخلىرى، ئارچا دەرەخلىرى ۋە ئالتۇن تەمىنلىگىنى
ئۈچۈن سۇلايمان پادىشاھ ئۇنىڭغا گالىلىيە ئۆلكىسىدىن يىگىرمە
شەھەرنى بەردى. [12] ھىرام سۇلايمان ئۇنىڭغا بەرگەن شەھەرلەرنى
كۆرۈشكە تۇردىن چىقىپ كەلدى؛ لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا ھېچ ياقمىدى.
[13] ئۇ: ــ ھەي بۇرادىرىم، سەن ماڭا بەرگىنىڭ زادى قانداق
شەھەرلەر؟! ــ دېدى. ئۇ ئۇلارنى «كابۇلنىڭ يۇرتى» دەپ ئاتىدى، ۋە ئۇلار
بۈگۈنكى كۈنگىچە شۇنداق ئاتىلىدۇ. [14] ھىرام بولسا پادىشاھقا بىر
يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇن ئەۋەتكەنىدى.
[15] سۇلايمان پادىشاھ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى، ئۆز ئۆيىنى، مىللونى،

---

8:9 **«بۇ ئۆي گەرچە ھازىر كۆركەم كۆرۈنسىمۇ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى (بەزى كونا تېكىستلەرگە ئەگىشىپ): «بۇ ئۆي بىر خارابە بولىدۇ...»

**8:9** قان. 29:23؛ 2تار. 7:21؛ يەر. 22:8

**10:9** 2تار. 8:1

13:9 **«كابۇلنىڭ يۇرتى»** ــ «كابۇل» دېگەننىڭ مەنىسى بەلكىم «چەكلىك» بولۇشى مۇمكىن. ئىبرانىي تىلىدا سۆزنىڭ ئاھاڭى «ئەرزىمەس»كە يېقىن كېلىدۇ.

14:9 **«بىر يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇن»** ــ بىر تالانت (ئالتۇن) بەلكىم 27 كىلوگرام ئىدى. 120 تالانت 3240 كىلوگرام؛ ھازىرقى پۇلدا بولسا (2008-يىلى) 100 مىليون دوللار بولىدۇ.

يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنى، ھازورنى، مەگىددونى ۋە گەزەر شەھەرلىرىنى
ياساش ئۈچۈن ھاشارغا تۇتقان ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىشلىرى مۇنداق:—
[16] (مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋن چىقىپ گەزەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ،
ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، شەھەردە تۇرۇۋاتقان قانائانىيلارنى قىرىپ،
شەھەرنى تويي سوۋغىسى سۈپىتىدە سۇلايماننىڭ خوتۇنى بولغان ئۆز
قىزىغا بەرگەنىدى) [17] سۇلايمان گەزەر بىلەن تۆۋەنكى بەيت-ھوروننى
بىنا قىلدى؛ [18] ئۇ بائالات بىلەن ئۆز زېمىنىدىكى چۆلگە جايلاشقان
تادمورنىمۇ يېڭىدىن ياسىدى، [19] شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ھەممە
ئامبار شەھەرلىرىنى، «جەڭ ھارۋىسى شەھەرلىرى»نى، «ئاتلىقلار
شەھەرلىرى»نى ۋە يېرۇسالېمدا، لىۋاندا ۋە ئۆزى سورايدىغان بارلىق
زېمىندا خالىغىنىنى بىنا قىلدى.
[20] ئىسرائىللاردىن بولمىغان ئامورىيلار، ھىتتىيلار، پەرىززىيلەر،
ھىۋىيلار ۋە يەبۇسىيلاردىن ئىسرائىل زېمىنىدا قېلىپ قالغانلارنىڭ
ھەممىسىنى بولسا، [21] سۇلايمان بۇلارنى، يەنى ئىسرائىللار پۈتۈنلەي
يوقىتالمىغان ئەللەرنىڭ قالدۇق ئەۋلادلىرىنى قۇللۇق ھاشارغا تۇتتى.
ئۇلار بۈگۈنكى كۈنگىچە شۇنداق بولۇپ كەلدى.
[22] لېكىن سۇلايمان ئىسرائىللاردىن ھېچكىمنى قۇل قىلماي،
بەلكى ئۇلارنى لەشكەر، خىزمەتكار، ھۆكۈمدار-ئەمەلدار، ھارۋا
بىلەن ئاتلىقلارنىڭ سەردارلىرى قىلدى. [23] بۇلاردىن سۇلايماننىڭ
ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، يەنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئۈستىگە
قويۇلغان چوڭ نازارەتچىلەر بەش يۈز ئەللىك ئىدى.

---

**15:9** **«مىللو»** — بەلكىم يېرۇسالېمدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان بىر قەلئە ياكى ئىستىھكام ئىدى.

**18:9** 2تار. 6:8

**21:9** **ئىسرائىللار پۈتۈنلەي يوقىتالمىغان ئەللەرنىڭ قالدۇق ئەۋلادلىرى...»** — بۇ ئىشلارنىڭ تارىخى «يەشۇئا پەيغەمبەر» دېگەن قىسمىدا پۈتۈلگەن. تەۋراتتىكى «يەشۇئا»نى كۆرۈڭ. مۇشۇ ھاشارچىلار 5:13-16دە خاتىرىلەنگەنلەردىن باشقا ھاشارچىلار بولسا كېرەك ئىدى. **«ئۇلار قانائانىيلار قاتارلىقلار بۈگۈنكى كۈنگىچە شۇنداق بولۇپ كەلدى»** — بۇ سۆز ئىسرائىللار تېخى ئۆز ۋەتىنىدە تۇرغان ۋاقىتتا خاتىرىلەنگەن، ئەلۋەتتە.

**22:9** لاۋ. 39:25

24 پىرەۋنىنىڭ قىزى داۋۇتنىڭ شەھىرىدىن كۆچۈپ سۇلايمان ئۇنىڭ
ئۈچۈن ياسىغان ئۆيدە ئولتۇرغىنىدا، ئۇ مىللو قەلئەسىنى ياسىدى.
25 سۇلايمان پەرۋەردىگارغا ياسىغان قۇربانگاھتا يىلدا ئۈچ قېتىم
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بىلەن ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇناتتى ۋە
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىكى خۇشبۇيگاھتا خۇشبۇي ياقاتتى. شۇ تەرىقىدە
ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىشلىرىنى پۈتكۈزدى.
26 سۇلايمان پادىشاھ ئېزىئون-گەبەردە بىر تۈركۈم كېمىلەرنى ياسىدى.
ئۇ يەر بولسا ئېدوم زېمىنىدا، قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئېلوتنىڭ يېنىدا
ئىدى. 27 ھىرام ئۆز خىزمەتكارلىرى، يەنى دېڭىزچىلىقنى ئوبدان
بىلىدىغان نەچچە كېمىچىلەرنى سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىغا
قوشۇلۇپ كېمىلەردە ئىشلەشكە ئەۋەتتى. 28 ئۇلار ئوفىرغا بېرىپ، ئۇ
يەردىن تۆت يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ، سۇلايمان
پادىشاھقا ئاپاردى.

## شېبانىڭ ئايال پادىشاھى سۇلايماننى ئىزدەپ كېلىدۇ

2تار. 9:1-12

10 1 شېبانىڭ ئايال پادىشاھى بولسا سۇلايماننىڭ پەرۋەردىگارنىڭ
نامى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان داڭق-شۆھرىتىنى ئاڭلاپ،
ئۇنى قىيىن چىگىش-سوئاللار بىلەن سىنىغىلى كەلدى. 2 ئۇ خۇشبۇي

24:9 2تار. 11:8

25:9 **«شۇ تەرىقىدە ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىشلىرىنى پۈتكۈزدى»** — بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى بەلكىم سۇلايمان ھېيتلەرنى مۇشۇ ئىبادەتخانىدا ئۆتكۈزۈشلىرى بىلەن ھەربىر باشقا «ئىبادەت جايلىرى»، بولۇپمۇ «يۇقىرى جايلار»نىڭ ئىناۋەتسىزلىكىنى كۆرسەتتى. دېمەك، شۇ چاغدىن باشلاپ پەرۋەردىگار قۇربانلىقلارنى قوبۇل قىلغان جاي پەقەت يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىلا ئىدى.

26:9 **«قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئېلوت»** — ياكى «قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئېلات» (ھازىرقى نامى «ئېلات»).

28:9 **«تۆت يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇن»** — بىر تالانت (ئالتۇن) بەلكىم 27 كىلوگرام ئىدى. ئۇنداقتا 420 تالانت 11340 كىلوگرام.

بۇيۇملار، ئىنتايىن تولا ئالتۇن ۋە ياقۇت-گۆھەرلەر ئارتىلغان تۆگىلەرنى
ئېلىپ، چوڭ دەبدەبە بىلەن يېرۇسالېمغا كەلدى. سۇلايماننىڭ
قېشىغا كەلگەندە ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ھەممە ئىش توغرۇلۇق ئۇنىڭ
بىلەن سۆزلەشتى. [3] سۇلايمان ئۇنىڭ ھەممە سورىغانلىرىغا جاۋاب
بەردى. ھېچنېمە پادىشاھقا قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى، بەلكى ھەممىسىدە
ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى.
[4] شېبانىڭ ئايال پادىشاھى سۇلايماننىڭ دانالىقىغا، ياسىغان ئوردا-
سارايىغا، [5] داستىخاندىكى تائاملارغا، ئەمەلدارلارنىڭ قاتار-قاتار
ئولتۇرۇشلىرىغا، خىزمەتكارلىرىنىڭ قاتار-قاتار تۇرۇشلىرىغا،
ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىگە، ئۇنىڭ ساقىيلىرىغا ۋە ئۇنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ئاتاپ سۇنغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىغا
قاراپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
[6] ئۇ پادىشاھقا: — مەن ئۆز يۇرتۇمدا سىلىنىڭ ئىشلىرى ۋە دانالىقلىرى
توغرىسىدا ئاڭلىغان خەۋەر راست ئىكەن؛ [7] ئەمما مەن كېلىپ ئۆز
كۆزلىرىم بىلەن كۆرمىگۈچە بۇ سۆزلەرگە ئىشەنمىگەنىدىم؛ ۋە مانا،
مەن يېرىمىنىمۇ ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن؛ سىلىنىڭ دانالىقلىرى بىلەن
بەرىكەت-باياشاتلىقلىرى مەن ئاڭلىغان خەۋەردىن زىيادە ئىكەن.
[8] سىلىنىڭ ئادەملىرى نېمىدېگەن بەختلىك-ھە! ھەمىشە سىلىنىڭ
ئالدىلىرىدا تۇرۇپ دانالىقلىرىنى ئاڭلايدىغان بۇ خىزمەتكارلار
نەقەدەر بەختلىكتۇر! [9] سىلىدىن سۆيۈنگەن، سىلىنى ئىسرائىلنىڭ
تەختىگە ئولتۇرغۇزغان پەرۋەردىگار خۇدالىرى مۇبارەكتۇر! پەرۋەردىگار
ئىسرائىلغا مەڭگۈلۈك باغلىغان مۇھەببىتى ئۈچۈن، ئۇ سىلىنى
توغرا ھۆكۈم ۋە ئادالەت سۈرگىلى پادىشاھ قىلدى، دېدى.
[10] ئۇ پادىشاھقا بىر يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇن، ئىنتايىن
كۆپ خۇشبۇي بۇيۇملار ۋە ياقۇت-گۆھەرلەرنى سوۋغا قىلدى.

**2:10** 2تار. 1:9؛ مات. 42:12؛ لۇقا 31:11

**5:10 «...ئۇنىڭ ، يەنى شېبانىڭ ئايال پادىشاھىنىڭ... ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى» —** ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭدا روھ قالمىدى». دېمەك، ئىنتايىن ھەيران قالدى.

شېبانىڭ ئايال پادىشاھى سۇلايمان پادىشاھقا سۇنغان شۇنچە زور مىقداردىكى خۇشبۇي بۇيۇملار ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كۆرۈنگەن ئەمەس [11](ھىرامنىڭ ئوفىردىن ئالتۇن ئەپكېلىدىغان كېمىلىرىمۇ ئوفىردىن يەنە ئىنتايىن زور مىقداردىكى سەندەل ياغىچى ۋە ياقۇت-گۆھەرلەرنى ئېلىپ كەلدى. [12] پادىشاھ سەندەل ياغىچىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈچۈن ۋە پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئۈچۈن پەلەمپەي-سالاسۇنلار ياساتتى ھەم نەغمە-ناۋاچىلار ئۈچۈن چىلتارلار ۋە سازلارنى شۇنىڭدىن ياساتتى. شۇ ۋاقىتتىن كېيىن شۇنداق زور مىقداردىكى ئېسىل سەندەل ياغىچى بۇ ۋاقىتقىچە ھېچ كەلتۈرۈلمىدى يا كۆرۈلۈپ باقمىدى). [13] سۇلايمان پادىشاھ شېبانىڭ ئايال پادىشاھىغا ئۆز شاھانە ساخاۋىتىدىن بەرگەندىن باشقا، ئايال پادىشاھنىڭ كۆڭلى تارتقان ھەممىنى ــ نېمە سورىسا، شۇنى بەردى؛ ئاندىن ئۇ خىزمەتكارلىرى بىلەن يولغا چىقىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

## سۇلايماننىڭ بايلىقلىرى

2تار.9:13-28

[14] سۇلايمانغا ھەر يىلى كەلتۈرۈلگەن ئالتۇننىڭ ئۆزى ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە تالانت ئىدى. [15] بۇ كىرىمدىن باشقا، تىجارەتچىلەردىن، ئوقەتچىلەرنىڭ سودىسىدىن، بارلىق ئەرەبىيە پادىشاھلىرىدىن ۋە ئۆز زېمىنىدىكى ئەمەلدارلاردىن ھەم ئالتۇن كەلتۈرۈلدى.

[16] سۇلايمان پادىشاھ ئىككى يۈز چوڭ سىپارنى سوقتۇردى ۋە ھەر سىپارغا ئالتە يۈز شەكەل ئالتۇن كەتتى؛ [17] شۇنداقلا ئۈچ يۈز قالقاننى ياپىلاقلانغان ئالتۇندىن ياسىدى؛ ھەربىر قالقاننى ياساشقا ئۈچ مىنا ئالتۇن ئىشلىتىلدى؛ پادىشاھ ئۇلارنى «لىۋان ئورمىنى سارىيى»غا

---

**12:10** 2تار. 11:9

**14:10** «**666 تالانت**» ــ 22 توننا.

**16:10** «**600 شەكەل**» ــ 600 شەكەل بەلكىم 7 كىلوگرامغا يېقىن.

**16:10** 1پاد. 26:14

ئېـسـىپ قويدى.

[18] پادىـشاھ پـىـل چـىـشـلـىـرىـدىـن چوڭ بـىـر تـەخـتـنـى ياساپ، ئۇنى تاۋلانغان ئالتۇن بـىـلـەن قاپلاتتى. [19] تـەخـتـنـىـڭ ئالـتـە قـەۋەتـلـىـك پەلەمپىيى بار ئـىـدى. تـەخـتـنـىـڭ باش يۆلەنچۈكى يۇمىلاق بولۇپ، ئورۇندۇقنىڭ ئـىـكـكـى يـېـنـىـدا تايانغۇچـىـسـى بار ئـىـدى، ھەربىر تايانغۇچنىڭ يېنىدا بـىـردىـن ئۆرە تۇرغان شـىـرنـىـڭ ھەيكـىـلـى بار ئـىـدى. [20] ئالـتـە قـەۋەتـلـىـك پـەلـەمـپـەيـنـىـڭ ئۇسـتـىـدە، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئۆرە تۇرغان ئون ئـىـكـكـى شـىـرنـىـڭ ھەيكـىـلـى بولۇپ، ھەربىر باسقۇچنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىدە بىردىن بار ئىدى؛ باشقا ھېچقانداق ئەلدە ئۇنىڭغا ئوخشاش ياسالغىنى يوق ئىدى.

[21] سۇلايمان پادىشاھنىڭ بارلىق جام-پىيالىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان؛ «لىۋان ئورمىنى سارىيى»دىكى بارلىق قاچا-قۇچىلار تاۋلانغان ئالتۇندىن ياسالغان؛ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۈمۈشتىن ياسالمىغان؛ سۇلايماننىڭ كۈنلىرىدە كۈمۈش ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. [22] چۈنكى پادىشاھقا قاراشلىق دېڭىزدا يۈرىدىغان، ھىرامنىڭ كېمىلىرىگە قوشۇلۇپ «تارشىش كېمە» ئەترىتىمۇ بار ئىدى؛ «تارشىش كېمە ئەترىتى» ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كېلىپ ئالتۇن-كۈمۈش، پىل چىشلىرى، مايمۇنلار ۋە توزلارنى ئەكېلەتتى.

[23] سۇلايمان پادىشاھ يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلاردىن بايلىقتا

---

**17:10 «ئۈچ منا ئالتۇن»** ــ «منا» ئېغىرلىق بىرلىكى ئىدى، ھازىرقى بىرلىكلەردە قانچە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

**17:10** 1پاد. 2:7

**18:10** 2تار. 17:9

**22:10 «تارشىش كېمە»** ــ بەلكىم تارشىش دېگەن پورتقا بېرىپ كېلىش سەپىرىگە چىداملىق بولغان كېمىنى كۆرسىتەتتى. «تارشىش» دېگەن ئىسىم ئىسپانىيە، شىمالىي ئافرىقا ياكى بىرىتانىيەنى ياكى ئۈچىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار سومالىيەنىڭ (شەرقىي ئافرىقانىڭ) دېڭىز بويىدا تۆتىنچى بىر تارشىشمۇ بولغان، دەپ قارايدۇ.

ۋە دانالىقتا ئۈستۈن ئىدى. 24 خۇدا سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە سالغان
دانالىقنى ئاڭلاش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكىلەر ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن
دىدارلىشىش ئارزۇسى بىلەن كېلەتتى. 25 كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى
ئۆز سوۋغىتىنى ئېلىپ كېلەتتى؛ يەنى كۈمۈش قاچا-قۇچىلار، ئالتۇن
قاچا-قۇچىلار، كىيىم-كېچەكلەر، دۇبۇلغا-ساۋۇتلار، تېتىتقۇلار، ئاتلار
ۋە قېچىرلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلار ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا
شۇنداق قىلاتتى.
26 ۋە سۇلايمان جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يىغدى؛ ئۇنىڭ
بىر مىڭ تۆت يۈز جەڭ ھارۋىسى، ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى
بار ئىدى؛ ئۇ ئۇلارنى «جەڭ ھارۋىسى شەھەرلىرى»گە ۋە ئۆزى تۇرۇۋاتقان
يېرۇسالېمغا ئورۇنلاشتۇردى.
27 پادىشاھ يېرۇسالېمدا كۈمۈشنى تاشتەك كۆپ، كېدىر دەرەخلىرىنى
جەنۇبىي تۈزلەڭلىكتىكى ئۈجمە دەرەخلىرىگە ئوخشاش نۇرغۇن
قىلدى.
28 سۇلايمان ئالغان ئاتلار مىسىردىن ۋە كۇۋەدىن ئىدى؛ پادىشاھنىڭ
تىجارەتچىلىرى ئۇلارنى كۇۋەدىن بېكىتىلگەن باھادا ئالاتتى.
29 مىسىردىن ئېلىپ كەلگەن بىر جەڭ ھارۋىسىنىڭ باھاسى ئالتە

---

**23:10** 1پاد. 12:3، 13

**25:10 «تېتىتقۇلار»** ــ ياكى «خۇشبۇي بۇيۇملار». **«ئۇلار ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا شۇنداق قىلاتتى»** ــ ياكى «يىلمۇيىل ئۇلار شۇنداق قىلاتتى».

**26:10** 1پاد. 20:5؛ 2تار. 14:1؛ 25:9

**27:10 «كېدىر دەرەخلىرىنى...»** ــ ياكى «كېدىر ياغىچىنى...». لېكىن بىزنىڭچە سۇلايمان كېدىر ياغىچىنى ئىشلىتىپلا قالماي، شۇ چىرايلىق دەرەخلەردىن يېرۇسالېم ئەتراپىغا كۆپ تىكتۇردى («توپ.» 5:2نى كۆرۈڭ). **«جەنۇبىي تۈزلەڭلىكتىكى...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شەفەلاھدىكى...». «شەفەلاھ» بۇ يەرنىڭ (تۈزلەڭلىكنىڭ) ئىسمى.

**27:10** 2تار. 15:1؛ 27:9

**28:10 «پادىشاھنىڭ تىجارەتچىلىرى ئۇلارنى كۇۋەدىن بېكىتىلگەن باھادا ئالاتتى»** ــ بۇ جۈملىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پادىشاھنىڭ تىجارەتچىلىرى ئۇلارنى كارۋانغا قوشۇپ ئالاتتى». «كۇۋە» بولسا ھازىرقى تۈركىيەنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە.

**28:10** 2تار. 16:1؛ 28:9

يۈز كۈمۈش تەڭگە، ھەر ئات بولسا يۈز ئەللىك تەڭگە ئىدى؛ ۋە ئۇلار
يەنە ھىتتىيلارنىڭ پادىشاھلىرى ھەم سۇرىيە پادىشاھلىرى ئۈچۈنمۇ
ئوخشاش باھادا ئېلىپ چىقتى.

## سۇلايمان كۆپ ئاياللارنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېزىتقۇلۇقى بىلەن بۇتپەرەسلىككە تېيىلىپ كېتىدۇ

11 [1] لېكىن سۇلايمان پادىشاھنىڭ كۆڭلى پىرەۋنىڭ قىزىدىن
باشقا كۆپ چەتئەللىك ئاياللارغا، جۈملىدىن موئابىي،
ئاممونىي، ئېدومىي، زىدونىي، ھىتتىي ئاياللىرىغا چۈشكەنىدى.
[2] پەرۋەردىگار ئەسلىدە مۇشۇ ئەللەر توغرۇلۇق ئىسرائىللارغا:
«ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ بارماڭلار، ۋە ئۇلارنى سىلەرنىڭكىلەرگە
كىرگۈزمەڭلار؛ چۈنكى ئۇلار كۆڭۈللىرىڭلارنى چوقۇم ئۆز مەبۇدلىرىغا
ئازدۇرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. بىراق سۇلايماننىڭ كۆڭلى دەل شۇلارغا
باغلاندى. [3] ئۇنىڭ يەتتە يۈز ئايالى، يەنى خانىشى ۋە ئۈچ يۈز كېنىزىكى
بار ئىدى؛ ئاياللىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئازدۇرۇپ بۇرىۋەتكەنىدى.
[4] شۇنداق بولدىكى، سۇلايمان ياشانغاندا، ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى
باشقا ئىلاھلارغا ئازدۇرۇپ بۇرىۋەتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاتىسى
داۋۇتنىڭكىدەك پەرۋەردىگار خۇداسىغا مۇتلەق سادىق بولمىدى.
[5] شۇڭا سۇلايمان زىدونىيلارنىڭ مەبۇدى ئاشتاروتنى، ئاممونىيلارنىڭ
يىرگىنچلىك مەبۇدى مىلكومنى ئىزدىدى؛ [6] شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان

29:10 «بىر جەڭ ھارۋىسىنىڭ باھاسى ئالتە يۈز كۈمۈش تەڭگە...» — مۇشۇ ئايەتتىكى «تەڭگە»نىڭ قىممىتى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئەگەر «شەكەل» بولسا 11.4 گرامنى كۆرسىتىدۇ

29:10 2تار. 17:1

1:11 «لېكىن سۇلايمان پادىشاھنىڭ كۆڭلى پىرەۋنىڭ قىزىدىن باشقا كۆپ چەتئەللىك ئاياللارغا، جۈملىدىن موئابىي، ئاممونىي، ئېدومىي، زىدونىي، ھىتتىي ئاياللىرىغا چۈشكەنىدى» — بۇ بابتا خاتىرىلەنگەن ھەممە ئىشلار «قانۇن شەرھى»دىكى ئەمرلەرگە خىلاپ. «قان.» 16:17-20نى كۆرۈڭ.

1:11 قان. 17:17

2:11 مىس. 16:34؛ قان. 3:7

5:11 ھاك. 13:2؛ 2پاد. 13:23

پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىللىك قىلدى؛ ئۇ ئاتىسى داۋۇت
پەرۋەردىگارغا ئەگەشكەندەك ئىزچىللىق بىلەن ئەگەشمىدى.
[7] ئاندىن سۇلايمان يېرۇسالېم ئالدىدىكى ئېدىرلىقتا موئابىيلارنىڭ
يىرگىنچلىك مەبۇدى كېموش ھەم ئاممونىيلارنىڭ يىرگىنچلىك
مەبۇدى مىلكوم ئۇچۇن بىر «يۇقىرى جاي»نى ياسىدى؛ [8] شۇنىڭدەك
ئۆزىنىڭ مەبۇدلىرىغا خۇشبۇي ياقىدىغان ۋە قۇربانلىق قىلىدىغان
ھەربىر يات ئەللىك ئايالى ئۇچۇنمۇ ئۇ شۇنداق قىلدى؛ [10-9] شۇڭا
پەرۋەردىگار سۇلايماندىن رەنجىدى؛ گەرچە ئۇ ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم
كۆرۈنگەن بولسىمۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا دەل مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق،
يەنى باشقا ئىلاھلارنى ئىزدىمەسلىكىنى تاپىلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ
كۆڭلى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگاردىن ئايىنىپ كەتتى؛ ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ تاپىلىغىنىغا ئەمەل قىلمىدى. [11] شۇنىڭ ئۇچۇن
پەرۋەردىگار سۇلايمانغا مۇنداق دېدى: ـ «سەن شۇنداق قىلىۋېرىپ،
مېنىڭ ساڭا بۇيرۇغان ئەھدەم بىلەن بەلگىلىرىمنى تۇتمىغىنىڭ
ئۇچۇن، مەن جەزمەن پادىشاھلىقنى سەندىن يىرتىۋېتىپ
خىزمەتكارىڭغا بېرىمەن. [12] لېكىن ئاتاڭ داۋۇتنىڭ ۋەجىدىن سېنىڭ
ئۆز كۈنلىرىڭدە مەن شۇنداق قىلمايمەن، بەلكى ئوغلۇڭنىڭ قولىدىن
ئۇنى يىرتىۋېتىمەن. [13] لېكىن پۈتۈن پادىشاھلىقنى ئۇنىڭدىن
يىرتىۋەتمەيمەن، بەلكى قۇلۇم داۋۇتنىڭ ۋەجىدىن ۋە ئۆزۈم تاللىغان
يېرۇسالېم ئۇچۇن ئوغلۇڭغا بىر قەبىلىنى قالدۇرۇپ قويىمەن».
[14] ئەمما پەرۋەردىگار سۇلايمانغا بىر دۈشمەن، يەنى ئېدومluq

---

**7:11** **«يىرگىنچلىك مەبۇد مىلكوم»** ــ «مىلكوم» ئىبرانيي تىلىدا مۇشۇ يەردە «مولەق» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

**7:11** 2پاد. 13:23

**10-9:11** 1پاد. 5:3؛ 2:9؛ 1پاد. 12:6

**11:11** **«مەن جەزمەن پادىشاھلىقنى سەندىن يىرتىۋېتىپ خىزمەتكارىڭغا بېرىمەن»** ــ «يىرتىۋېتىپ ... بېرىمەن» ــ دېمەك، پەرۋەردىگار پادىشاھلىقنى سۇلايماندىن زوراۋانلىق بىلەن تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىرسىگە بەرمەكچى. 28-33-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**11:11** 1پاد. 15:12

ھادادنى قوزغىدى، ئۇ كىشى ئېدومنىڭ پادىشاھىنىڭ نەسلىدىن
ئىدى. [16-15] ئەسلىدە داۋۇت ئېدوم بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقىتتا، قوشۇننىڭ
سەردارى يوئاب ئېدومنىڭ ھەممە ئەرلىرىنى يوقاتقانىدى (چۈنكى
ئېدومدىكى ھەممە ئەرلەرنى يوقاتقۇچە، يوئاب بىلەن بارلىق ئىسرائىللار
ئۇيەردە ئالتە ئاي تۇرغانىدى)؛ ئۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى كۆمگىلى چىققاندا
[17] ھاداد ئاتىسىنىڭ بىرنەچچە ئېدومىي خىزمەتچىلىرى بىلەن مىسىرغا
قېچىپ كەتكەنىدى. ھاداد ئۇ چاغدا كىچىك بالا ئىدى. [18] ئۇلار مىدىيان
زېمىنىدىن چىقىپ پارانغا كەلدى. ئۇلار پاراندىن بىرنەچچە ئادەمنى ئېلىپ
ئۆزلىرىگە قوشۇپ مىسىرغا، يەنى مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋننىڭ
قېشىغا كەلدى. پىرەۋن ئۇنىڭغا بىر ئۆي تەقسىم قىلىپ، ئوزۇق-تۈلۈكمۇ
تەمىنلىدى ھەمدە بىر پارچە يەرنىمۇ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. [19] ھاداد
پىرەۋننىڭ نەزىرىدە كۆپ ئىلتىپات تاپقان بولۇپ، ئۇ ئۆز خوتۇنىنىڭ
سىڭلىسىنى، يەنى تاھپەنەس خانىشنىڭ سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا خوتۇن
قىلىپ بەردى. [20] تاھپەنەسنىڭ سىڭلىسى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل، گېنۇباتنى
تۇغۇپ بەردى. تاھپەنەس پىرەۋننىڭ ئوردىسىدا ئۇنى ئۆزى چوڭ قىلدى.
ئاندىن گېنۇبات پىرەۋننىڭ ئائىلىسى، يەنى پىرەۋننىڭ ئوغۇللىرى
ئارىسىدا تۇردى.
[21] ھاداد مىسىردا: «داۋۇت ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلاپ قالدى»
ۋە «قوشۇننىڭ سەردارى يوئابمۇ ئۆلدى» دەپ ئاڭلىغاندا پىرەۋنگە: ــ
مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمغا بېرىشىمغا ئىجازەت قىلغايلا، دېدى.
[22] پىرەۋن ئۇنىڭغا: ــ سېنىڭ ئۆز يۇرتۇمغا باراي دېگىنىڭ نېمە
دېگىنىڭ، مېنىڭ قېشىمدا ساڭا نېمە كەملىك قىلدۇ؟ ــ دېدى.
ئۇ جاۋابەن: ــ ھېچ نەرسە كەم ئەمەس، ئەمما نېملا بولمىسۇن مېنى
كەتكىلى قويغايلا، دېدى.

16-15:11 **« داۋۇت ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى كۆمگىلى چىققاندا...»** ــ ئۆز ئادەملىرىنى كۆمۈش ئۈچۈن، دېمەك. بۇ سۆزگە قارىغاندا يوئابنىڭ ئېدوملارنى شۇنداق ئۆلتۈرۈشى قىساس مەقسىتىدە ئىدى.

**16-15:11** 2سام. 8:14؛ 1تار. 18:12، 13

20:11 **«تاھپەنەس پىرەۋننىڭ ئوردىسىدا ئۇنى ئۆزى چوڭ قىلدى»** ــ ياكى «تاھپەنەس پىرەۋننىڭ ئوردىسىدا ئۇنى ئۆزى ئەمچەكتىن ئايرىدى».

23 خۇدا سۇلايمانغا يەنە بىر دۈشمەننى قوزغىدى؛ ئۇ بولسا غوجىسى،
يەنى زوباھنىڭ پادىشاھى ھادادئېزەرنىڭ يېنىدىن قېچىپ كەتكەن
ئېلىئادانىڭ ئوغلى رەزون ئىدى. 24 داۋۇت زوباھلىقلارنى قەتل
قىلغاندا رەزون ئۇلاردىن بىر توپ ئادەمنى ئۆزىگە توپلاپ ئۇلارنىڭ
سەردارى بولدى. ئاندىن كېيىن بۇلار دەمەشققە بېرىپ ئۇ يەردە
تۇرۇپ، دەمەشق ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈردى. 25 شۇنىڭ بىلەن ھاداد
ئىسرائىلغا ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغاندىن باشقا، رەزون سۇلايماننىڭ
بارلىق كۈنلىرىدە ئىسرائىلنىڭ دۈشمىنى ئىدى؛ ئۇ ئىسرائىلنى ئۆچ
كۆرەتتى، ئۆزى سۇرىيە ئۈستىدە پادىشاھ ئىدى.
26 سۇلايماننىڭ يەروبوئام دېگەن بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. ئۇ
زەرەداھدىن كەلگەن ئەفرائىمىي نىباتنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئانىسى
زەرۇئاھ ئىسىملىك بىر تۇل ئايال ئىدى. يەروبوئاممۇ پادىشاھقا قارشى
چىقتى. 27 ئۇنىڭ پادىشاھقا قارشى چىقىشتىكى سەۋەبى مۇنداق
ئىدى: سۇلايمان مىللو قەلئەسىنى ياسىغاندا، ئاتىسى داۋۇتنىڭ
شەھىرىدىكى سېپىلنىڭ بىر بۆسۈكىنى ياساۋاتاتتى؛ 28 يەروبوئام
قاۋۇل قەيسەر يىگىت ئىدى؛ سۇلايمان يىگىتنىڭ ئىشچان ۋە چاققان
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى يۈسۈپنىڭ جەمەتىگە بۇيرۇلغان ئىشنىڭ
ئۈستىگە قويدى. 29 شۇ كۈنلەردە يەروبوئام يېرۇسالېمدىن چىقىۋاتقاندا،
ئۇنى ئىزدەۋاتقان شىلوھلۇق ئاخىياھ پەيغەمبەر ئۇنى يولدا ئۇچراتتى.
ئاخىياھ يېپيېڭى بىر تونني كىيىۋالغانىدى. ئىككىسى دالادا يالغۇز

---

**23:11** 2سام. 8:3؛ 18:10

**24:11 «داۋۇت زوباھلىقلارنى قەتل قىلغاندا رەزون ئۇلاردىن بىر توپ ئادەمنى ئۆزىگە توپلاپ ئۇلارنىڭ سەردارى بولدى. ئاندىن كېيىن بۇلار دەمەشققە بېرىپ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «رەزون بىر توپ ئادەمنى ئۆزىگە قوشۇپ ئۇلارنىڭ سەردارى بولدى. داۋۇت ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچە بولغاندا، ئۇلار دەمەشققە بېرىپ...».

**24:11** 2سام. 8:3

**26:11 «ئەفرائىمىي نىبات»** ــ مۇشۇ ئايەتتە «ئەفرائىمىي» ئىبرانىي تىلىدا «ئەفراتلىق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**26:11** 2تار. 13:6

قالغاندا 30 ئاخىياھ ئۇستىدىكى توننى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى يىرتىپ
ئون ئىككى پارچە قىلىپ 31 يەروبوئامغا مۇنداق دېدى: ــ «ئۆزۈڭگە
ئون پارچىنى ئالغىن؛ چۈنكى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ «مانا، پادىشاھلىقنى سۇلايماننىڭ قولىدىن
يىرتىۋېتىپ ئون قەبىلىنى ساڭا بېرىمەن. 32 بىراق قۇلۇم داۋۇتنىڭ
ۋەجىدىن ۋە يېرۇسالېم، يەنى ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىدىن
تاللىغان شەھەر ئۈچۈن بىر قەبىلە ئۇنىڭغا قالىدۇ. 33 ــ چۈنكى ئۇلار
مېنى تاشلاپ زىدونىيلارنىڭ ئايال مەبۇدى ئاشتاروتقا، موئابىيلارنىڭ
مەبۇدى كېموشقا ۋە ئاممونىيلارنىڭ مەبۇدى مىلكومغا سەجدە
قىلىپ، ئۇنىڭ ئاتىسى داۋۇتنىڭ قىلىنغىنىدەك قىلماي، مېنىڭ
بەلگىلىمىلىرىم بىلەن ھۆكۈملىرىمگە ئەمەل قىلماي، نەزىرىمدە
دۇرۇس بولغاننى قىلمىدى، مېنىڭ يوللىرىمدا ماڭمىدى؛ 34 لېكىن
پۈتكۈل پادىشاھلىقنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالمايمەن؛ چۈنكى مەن
تاللىغان، ئۆز ئەمرلىرىم ۋە بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتقان قۇلۇم داۋۇتنى
دەپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە ئۇنى ھۆكۈم سۈرگۈچى قىلىپ
قالدۇرىمەن. 35 ئەمما پادىشاھلىقنى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدىن تارتىپ
ئېلىپ، ساڭا بېرىمەن، يەنى ئون قەبىلىنى بېرىمەن.
36 لېكىن مېنىڭ نامىمنىڭ شۇ يەردە بولۇشىغا ئۆزۈم تاللىغان شەھەر
يېرۇسالېمدا، مېنىڭ ئالدىمدا قۇلۇم داۋۇت ئۈچۈن ھەمىشە يورۇق بىر
چىراغ بولسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا بىر قەبىلىنى بېرەي. 37 مەن سېنى
تاللاپ، سېنى بارلىق خالىغان يەرلەر ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرگۈزىمەن،
سەن ئىسرائىلغا پادىشاھ بولىسەن. 38 ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئەگەر

---

**31:11** 1سام. 28:15

36:11 **«مېنىڭ ئالدىمدا قۇلۇم داۋۇت ئۈچۈن يورۇق بىر چىراغ بولسۇن»** ــ بۇ كۆچمە مەنىلىك سۆز بولۇپ، داۋۇتنىڭ خاندانىنى كۆرسىتىدۇ؛ خاندانىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى (1) داۋۇتنىڭ خۇداغا سادىق بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان «چىراغ» بولىدۇ؛ (2) خۇدانىڭ داۋۇتقا، سەن ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيانى سورايدىغان مەسىھ تۇغۇلىدۇ، دەپ بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان «چىراغ» بولىدۇ.

**36:11** 1پاد. 4:15؛ زەب. 132:17-18؛ پەند. 9:13

سەن ھەممە بۇيرۇغانلىرىمنى ئاڭلاپ، مېنىڭ يوللىرىمدا مېڭىپ،
نەزىرىمدە دۇرۇس بولغاننى قىلىپ، قۇلۇم داۋۇت قىلغاندەك مېنىڭ
بەلگىلىرىم بىلەن ئەمرلىرىمنى تۇتساڭ، ئەمدى مەن سەن بىلەن
بىللە بولىمەن ۋە داۋۇتقا بىر جەمەت تىكلىگىنىمدەك، ساڭىمۇ
مۇستەھكەم بىر جەمەت تىكلەيمەن ۋە ئىسرائىلنى ساڭا تەقدىم
قىلىمەن. 39 داۋۇتنىڭ نەسلىنى شۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن خارلاپ پەس
قىلىمەن، لېكىن مەڭگۈلۈك ئەمەس»».

40 شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلايمان يەروبوئامنى ئۆلتۈرۈشكە پۇرسەت ئىزدەيتتى.
لېكىن يەروبوئام قېچىپ مىسىرنىڭ پادىشاھى شىشاكنىڭ قېشىغا
باردى؛ سۇلايمان ئۆلگۈچە ئۇ مىسىردا تۇردى.
41 سۇلايماننىڭ باشقا ئىشلىرى، ئۇنىڭ ھەممە قىلغان ئەمەللىرى
ۋە ئۇنىڭ دانالىقى بولسا «سۇلايماننىڭ ئەمەللىرى» دېگەن كىتابقا
پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ 42 سۇلايماننىڭ يېرۇسالېمدا ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى قىرىق يىل بولدى. 43 سۇلايمان ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە ئاتىسى داۋۇتنىڭ شەھىرىدە
دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى رەھوبوئام ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## رەھوبوئام پادىشاھلىقىدىن مەھرۇم بولىدۇ

2تار. 1:10-19؛ 1:11-4

12 1 رەھوبوئام شەقەمگە باردى؛ چۈنكى پۈتكۈل ئىسرائىل ئۇنى
پادىشاھ تىكلىگىلى شەقەمگە كەلگەنىدى. 2 نىباتنىڭ

38:11 «داۋۇتقا بىر جەمەت تىكلىگىنىمدەك...» ــ ئىبرانىي تىلىدا «داۋۇتقا بىر ئۆي تىكلىگىنىمدەك...».
41:11 ««سۇلايماننىڭ ئەمەللىرى» دېگەن كىتاب» ــ بۇ كىتابتىن ھازىر خەۋىرىمىز يوق.
41:11 2تار. 9:29-31
42:11 2تار. 9:30
1:12 2تار. 1:10

ئوغلى يەروبوئام شۇ ئىشنى ئاڭلىغاندا، شۇنداق بولدىكى، ئۇ تېخى
مىسىردا ئىدى (چۈنكى يەروبوئام سۇلايمان پادىشاھتىن قېچىپ
مىسىردا تۇرۇۋاتاتتى). 3 ئەمدى ئۇلار ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ
كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يەروبوئام ۋە پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى كېلىپ
رەھوبوئامغا سۆز قىلىپ: 4 — سىلىنىڭ ئاتىلىرى بويىنىمىزغا سالغان
بويۇنتۇرۇقنى ئېغىر قىلدى. سىلى ئەمدى ئاتىلىرىنىڭ بىزگە
قويغان قاتتىق تەلەپلىرى بىلەن ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى يېنىكلىتىپ
بەرسىلە، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولىمىز، دېيىشتى.
5 ئۇ ئۇلارغا: — ھازىرچە قايتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاندىن قېشىمغا
يەنە كېلىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق تارىلىپ كەتتى.
6 رەھوبوئام پادىشاھ ئۆز ئاتىسى سۇلايمان ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ
خىزمىتىدە تۇرغان مويسىپىتلاردىن مەسلىھەت سوراپ: —
بۇ خەلققە بېرىدىغان جاۋابىم توغرىسىدا نېمە مەسلىھەت
كۆرسىتىسىلەر؟ — دېدى.
7 ئۇلار ئۇنىڭغا: — ئەگەر سىلى رازىلىق بىلەن بۈگۈن بۇ خەلقنىڭ
خىزمىتىدە بولىمەن دېسىلە، (ۋە دەرۋەقە ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە
بولسىلا) ئۇلارغا ياخشى سۆزلەر بىلەن جاۋاب قىلسىلا، ئۇلار سىلىنىڭ
بارلىق كۈنلىرىدە خىزمەتلىرىدە بولىدۇ، دېدى.
8 لېكىن ئۇ مويسىپىتلارنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتىنى قايرىپ
قويۇپ، ئۆزى بىلەن چوڭ بولغان، ئالدىدا خىزمىتىدە بولۇۋاتقان
ياشلاردىن مەسلىھەت سوراپ 9 ئۇلارغا: — ماڭا «سىلىنىڭ ئاتىلىرى
بىزگە سالغان بويۇنتۇرۇقنى يېنىكلىتەيلا» دەپ تىلىگەن بۇ خەلققە
جاۋاب بېرىشىمىز توغرۇلۇق قانداق مەسلىھەت بېرىسىلەر؟ — دېدى.
10 ئۇنىڭ بىلەن چوڭ بولغان بۇ ياشلار ئۇنىڭغا: — «سىلىنىڭ
ئاتىلىرى بويۇنتۇرۇقىمىزنى ئېغىر قىلدى، ئەمدى سىلى ئۇنى بىزگە
يېنىك قىلغايلا» دەپ ئېيتقان بۇ خەلققە سۆز قىلىپ: — «مېنىڭ

---

**2:12** 1پاد. 40:11

**4:12** 2تار. 4:10

چىمچىلاق بارمىقىم ئاتامنىڭ بېلىدىن تومراقتۇر. 11 ئاتام سىلەرگە
ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى سالغان، لېكىن مەن بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى تېخىمۇ
ئېغىر قىلىمەن. ئاتام سىلەرگە قامچىلار بىلەن تەنبىھ-تەربىيە
بەرگەن بولسا، مەن سىلەرگە «چايانلىق قامچىلار» بىلەن تەنبىھ
بېرىمەن»، دېگەيلا، ــ دېدى.
12 رەھوبوئام پادىشاھ ئۇلارغا: «ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاندىن قېشىمغا
يەنە كېلىڭلار» دېگىنىدەك، يەروبوئام ۋە بارلىق خەلق ئۈچىنچى كۈنى
ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.
13 پادىشاھ مويسىپىتلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن مەسلىھەتىنى تاشلاپ،
خەلققە قاتتىقلىق بىلەن جاۋاب بەردى. 14 ئۇ ياشلارنىڭ مەسلىھەتى
بويىچە ئۇلارغا: ــ ئاتام سىلەرگە ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى سالغان، لېكىن
مەن بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى تېخىمۇ ئېغىر قىلىمەن. ئاتام سىلەرگە
قامچىلار بىلەن تەنبىھ-تەربىيە بەرگەن بولسا مەن سىلەرگە «چايانلىق
قامچىلار» بىلەن تەنبىھ-تەربىيە بېرىمەن، دېدى.
15 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خەلقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. بۇ ئىش
پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بولغان؛ چۈنكى بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ
شىلوھلۇق ئاخىياھنىڭ ۋاسىتىسىدە نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامغا
ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولدى.
16 پۈتكۈل ئىسرائىل پادىشاھنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق
سالمىغىنىنى كۆرگەندە خەلق پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: ــ
داۋۇتتىن بىزگە نېمە نېسىۋە بار؟ يەسسەنىڭ ئوغلىدا بىزنىڭ
ھېچ مىراسىمىز يوقتۇر! ئۆز ئۆي-چېدىرلىرىڭلارغا قايتىڭلار،
ئى ئىسرائىل! ئى داۋۇت، سەن ئۆز جەمەتىڭگىلا ئىگە بول، ــ
دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئۆز ئۆي-چېدىرلىرىغا قايتىپ

---

11:12 **«چايانلىق قامچىلار»** ــ ياكى بولمىسا «چايانلار» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھازىر مەلۇم ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا پادىشاھنىڭ ئىنتايىن قاتتىق مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**15:12** 1پاد. 11:11، 31

## قانائان (پەلەستىن) زېمىنى — «پادىشاھلار»نىڭ دەۋرى



كېتىشتى.
[17] ئەمما يەھۇدا شەھەرلىرىدە ئولتۇرغان ئىسرائىللارغا بولسا،
يەروبوئام ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم سۈردى. [18] رەھوبوئام پادىشاھ
باج-ئالۋان بېگى ئادورامنى ئىسرائىللارغا ئەۋەتتى، لېكىن
پۈتكۈل ئىسرائىل ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇ چاغدا
رەھوبوئام پادىشاھ ئالدىراپ، ئۆزىنىڭ جەڭ ھارۋىسىغا چىقىپ،
يېرۇسالېمغا تىكىۋەتتى.
[19] شۇ تەرىقىدە ئىسرائىل داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن يۈز ئۆرۈپ،
بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ كەلدى. [20] ئىسرائىلنىڭ
ھەممىسى يەروبوئامنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا،
ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى خەلقنىڭ جامائىتىگە چاقىردى. ئۇلار ئۇنى
پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە رەسمىي پادىشاھ قىلدى. يەھۇدا
قەبىلىسىدىن باشقا ھېچكىم داۋۇتنىڭ جەمەتىگە ئەگەشمىدى.
[21] رەھوبوئام يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىپ، ئىسرائىلنىڭ جەمەتى
بىلەن جەڭ قىلىپ، پادىشاھلىقنى سۇلايماننىڭ ئوغلى بولغان
ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن يەھۇدانىڭ پۈتكۈل جەمەتىدىن
ۋە بىنيامىن قەبىلىسىدىن بىر يۈز سەكسەن مىڭ خىللانغان
جەڭگىۋار ئەسكەرنى توپلىدى.
[22] لېكىن خۇدانىڭ سۆزى خۇدانىڭ ئادىمى شېماياغا كېلىپ مۇنداق

---

**16:12 «...ئىسرائىللار ئۆز ئۆي-چېدىرلىرىغا قايتىپ كېتىشتى»** ـــ ئىبرانىي تىلدا «ئىسرائىللار ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىپ كېتىشتى».

**16:12** 2سام. 1:20

**17:12 «يەھۇدا شەھەرلىرىدە ئولتۇرغان ئىسرائىللار»** ـــ بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىدىن بولغان.

**18:12** 1پاد. 6:4؛ 14:5

**19:12 «شۇ تەرىقىدە ئىسرائىل داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن يۈز ئۆرۈپ، ... ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ كەلدى»** ـــ بۇ تارىختا مۇشۇ يەردىن باشلاپ «ئىسرائىل» دېگەن سۆز ئادەتتە «شىمالىي پادىشاھلىق»، يەنى «ئون قەبىلە»نى كۆرسىتىدۇ.

**19:12** 2پاد. 21:17

**21:12** 2تار. 1:11

دېگەندە: ــ
[23] «يەھۇدانىڭ پادىشاھى، سۇلايماننىڭ ئوغلى رەھوبوئامغا، پۈتۈن يەھۇدا بىلەن بىنيامىننىڭ جەمەتىگە ۋە خەلقنىڭ قالغانلىرىغا سۆز قىلىپ: ــ [24] «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ھۇجۇمغا چىقماڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىسرائىللار بىلەن جەڭ قىلماڭلار؛ ھەربىرىڭلار ئۆز ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار؛ چۈنكى بۇ ئىش مەندىندۇر»، دېگىن». ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى. پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بويىچە ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتتى.

## يەروبوئام ئالتۇن موزايلارنى ياسايدۇ

[25] يەروبوئام بولسا ئەفرائىم تاغلىقىدىكى شەقەم شەھىرىنى ياساپ شۇ
يەردە تۇردى؛ كېيىن ئۇ يەردىن چىقىپ پەنۇئەلنى ياسىدى. [26] رەھوبوئام
كۆڭلىدە ئۆز-ئۆزىگە: ــ ئەمدى پادىشاھلىق داۋۇتنىڭ جەمەتىگە
يېنىشى مۇمكىن. [27] ئەگەر بۇ خەلق پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە قۇربانلىق
قىلىشقا يېرۇسالېمغا چىقسا، بۇ خەلقنىڭ قەلبى ئۆز غوجىسى، يەنى
يەھۇدا پادىشاھى رەھوبوئامغا يەنە مايىل بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار مېنى
ئۆلتۈرۈپ يەنە يەھۇدا پادىشاھى رەھوبوئامنىڭ تەرىپىگە يانارمىكىن،
دېدى. [28] پادىشاھ مەسلىھەت سوراپ، ئالتۇندىن ئىككى موزاي
ھەيكىلىنى ياسىتىپ خەلققە: ــ يېرۇسالېمغا چىقىش سىلەرگە ئېغىر كېلىدۇ. ئى ئىسرائىل، مانا سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن چىقارغان ئىلاھلار! ــ دېدى.
[29] بىرىنى ئۇ بەيت-ئەلدە، يەنە بىرىنى داندا تۇرغۇزۇپ قويدى. [30] بۇ
ئىش گۇناھقا سەۋەب بولدى، چۈنكى خەلق موزايلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا باش ئۇرغىلى ھەتتا دانغىچە باراتتى.
[31] ئۇ ھەم «ئېگىز جايلار»دا ئىبادەت ئۆيلىرىنى ياسىدى ۋە ھەم

---

22:12 2تار. 2:11

25:12 مىس. 30:32

28:12 مىس. 8:32؛ 2پاد. 16:17

لاۋىيدىن بولمىغان ئادەملەرنى كاھىن قىلىپ تەيىنلەپ قويدى.
32 يەروبوئام يەنە سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىنى
خۇددى يەھۇدانىڭ زېمىنىدىكى ھېيتكە ئوخشاش بىر ھېيت قىلىپ
بېكىتتى. ئۇ ئۆزى قۇربانگاھ ئۈستىگە قۇربانلىق قىلغىلى چىقتى.
شۇنداق قىلىپ ئۇ بەيت-ئەلدە ئۆزى ئەتكۈزگەن موزاي مەبۇدلىرىگە
قۇربانلىق ئۆتكۈزدى. ئۇ يەنە بەيت-ئەلدە سالدۇرغان شۇ «ئېگىز
جايلار» ئۈچۈن كاھىنلارنى تەيىنلىدى. 33 ئۇ بەيت-ئەلدە ياسىغان
قۇربانگاھ ئۈستىگە سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى (بۇ
ئاي-كۈننى ئۇ ئۆز مەيلىچە تاللىغانىدى) قۇربانلىقلارنى سۇنۇشقا
چىقتى؛ شۇ تەرىقىدە ئۇ ئىسرائىللارغا بىر ھېيت ياراتتى؛ ئۇ ئۆزى
قۇربانگاھ ئۈستىگە قۇربانلىقلارنى سۇندى ۋە خۇشبۇي ياقتى.

## نامسىز بىر پەيغەمبەر بەيت-ئەل توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ

13 1 ۋە مانا، پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خۇدانىڭ بىر
ئادىمى يەھۇدادىن چىقىپ بەيت-ئەلگە كەلدى؛ شۇ پەيتتە
يەروبوئام خۇشبۇي يېقىشقا قۇربانگاھنىڭ يېنىدا تۇراتتى؛ 2 شۇ ئادەم
قۇربانگاھقا قاراپ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن چاقىرىپ: ــ ئى
قۇربانگاھ، ئى قۇربانگاھ! پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا داۋۇتنىڭ
جەمەتىدە يوسىيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇ بولسا سېنىڭ
ئۈستۈڭدە خۇشبۇي ياققان «يۇقىرى جايلار»دىكى كاھىنلارنى سويۇپ

---

**31:12 «ئۇ ھەم ... ئىبادەت ئۆيلىرىنى ياسىدى»** ــ ياكى «ئۇ ھەم ئىبادەت ئۆيىنى ياسىدى».
ئەمما 32-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**31:12** چۆل. 3:10؛ 1پاد. 13:33؛ 2پاد. 17:32؛ 2تار. 11:15

**32:12 «يەھۇدانىڭ زېمىنىدىكى ھېيت»** ــ مۇشۇ يەردە «ھېيت» يەتتىنچى ئاينىڭ ئون
بەشىنچى كۈنىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئورما ھېيتى» ياكى «كەپىلەر ھېيتى» ئىدى.

**33:12 «يەروبوئام ئۆزى قۇربانگاھ ئۈستىگە قۇربانلىقلارنى سۇندى ۋە خۇشبۇي ياقتى»**
ــ مۇشۇنداق ئىشلارنى پەقەت لاۋىي قەبىلىسى، ھارۇننىڭ جەمەتىدىن بولغانلار، يەنى ھەقىقىي
كاھىنلار قىلىشقا بولاتتى، ئەلۋەتتە.

**قۇربانلىق قىلىدۇ؛ شۇنداقلا سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئادەم سۆڭەكلىرى
كۆيدۈرۈلىدۇ! ــ دېدى.
[3]ئۇ كۈنى ئۇ بىر بېشارەتلىك ئالامەتنى جاكارلاپ: پەرۋەردىگارنىڭ
مۇشۇ سۆزىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەت شۇ بولىدۇكى: ــ مانا،
قۇربانگاھ يېرىلىپ، ئۈستىدىكى كۈللەر تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، ــ دېدى.
[4]ۋە شۇنداق بولدىكى، يەروبوئام پادىشاھ خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ بەيت-
ئەلدىكى قۇربانگاھقا قاراپ جاكارلىغان سۆزىنى ئاڭلىغاندا، ئۇ
قۇربانگاھتا تۇرۇپ قولىنى سوزۇپ: ــ ئۇنى تۇتۇڭلار، دېدى. لېكىن
ئۇنىڭغا قارىتىپ سوزغان قولى شۇنىڭ بىلەن شۇ پېتى قۇرۇپ
كەتتى، ئۇنى ئۆزىگە يەنە يىغالمىدى. [5]ئاندىن خۇدانىڭ ئادىمى
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقان مۆجىزىلىك ئالامەت يۈز
بېرىپ، قۇربانگاھ ھەم يېرىلىپ ئۈستىدىكى كۈللەر تۆكۈلۈپ كەتتى.
[6]پادىشاھ خۇدانىڭ ئادىمىدىن: ــ پەرۋەردىگار خۇدايىڭدىن مېنىڭ
ھەققىمدە ئۆتۈنگەيسەنكى، قولۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەي، دەپ
يالۋۇردى. خۇدانىڭ ئادىمى پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتىنى ئۆتۈنگىنىدە،
پادىشاھنىڭ قولى يەنە ئۆزىگە يىغىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.
[7]پادىشاھ خۇدانىڭ ئادىمىگە: ــ مېنىڭ بىلەن ئۆيۈمگە بېرىپ ئۆزۈڭنى
قۇتلاندۇرغىن، مەن ساڭا ئىنئام بېرەي، دېدى.
[8]لېكىن خۇدانىڭ ئادىمى پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: ــ سەن ماڭا
ئورداڭنىڭ يېرىمىنى بەرسەڭمۇ، سېنىڭ بىلەن بارمايمەن ياكى بۇ
يەردە نان يەپ سۇ ئىچمەيمەن. [9]چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز سۆزىنى
يەتكۈزۈپ ماڭا بۇيرۇپ: «سەن نە نان يېمە نە سۇ ئىچمە، بارغان يولۇڭ
بىلەن قايتىپ كەلمە» دېگەن، دېدى.**

---

2:13 **«سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئادەم سۆڭەكلىرى كۆيدۈرۈلىدۇ»** ــ مۇشۇ ھەرىكەت بۇ قۇربانگاھنى «ناپاك» ياكى «ھارام» قىلىۋەتكەن بولاتتى.

**2:13** 2پاد. 20-15:23

**6:13** مىس. 4:8؛ 28:9؛ 17:10؛ چۆل. 7:21؛ روس. 24:8

**8:13** چۆل. 18:22

9:13 **«چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز سۆزىنى يەتكۈزۈپ ماڭا بۇيرۇپ ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا:

10 شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەيت-ئەلگە كەلگەن يول بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقا بىر يول بىلەن قايتىپ كەتتى.
11 لېكىن بەيت-ئەلدە ياشانغان بىر پەيغەمبەر تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كېلىپ خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ ئۇ كۈنى بەيت-ئەلدە قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پادىشاھقا قىلغان سۆزلىرىنىمۇ ئاتىسىغا ئېيتىپ بەردى.
12 ئاتىسى ئۇلاردىن، ئۇ قايسى يول بىلەن كەتتى، دەپ سورىدى؛ چۈنكى ئوغۇللىرى يەھۇدادىن كەلگەن خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ قايسى يول بىلەن كەتكىنىنى كۆرگەنىدى.
13 ئۇ ئوغۇللىرىغا: ــ ماڭا ئېشەكنى توقۇپ بېرىڭلار، دەپ تاپىلىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئېشەكنى توقۇپ بەرگەندە ئۇ ئۇنىڭغا مىنىپ 14 خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. ئۇ ئۇنى بىر دۇب دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان يېرىدىن تېپىپ ئۇنىڭدىن: ــ يەھۇدادىن كەلگەن خۇدانىڭ ئادىمى سەنمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ: ــ مەن شۇ، دەپ جاۋاب بەردى.
15 ئۇ ئۇنىڭغا: ــ مېنىڭ بىلەن ئۆيۈمگە بېرىپ نان يېگىن، دېدى.
16 ئۇ جاۋابەن: ــ مەن نە سېنىڭ بىلەن قايتالمايمەن، نە سېنىڭكىگە كىرەلمەيمەن؛ مەن نە بۇ يەردە سېنىڭ بىلەن نان يەپ سۇ ئىچەلمەيمەن؛
17 چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز سۆزى بىلەن ماڭا تاپىلاپ: «ئۇ يەردە نان يېمە، سۇ ئىچمىگىن؛ بارغان يولۇڭ بىلەن قايتىپ كەلمىگىن» دېگەن، دېدى.
18 قېرى پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: ــ مەن ھەم سەندەك بىر پەيغەمبەردۇرمەن؛ ۋە بىر پەرىشتە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ماڭا يەتكۈزۈپ: ــ «ئۇنىڭغا نان يېگۈزۈپ، سۇ ئىچكۈزگىلى ئۆزۈڭ بىلەن ئۆيۈڭگە ياندۇرۇپ كەل»

«چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بىلەن ماڭا مۇنداق بۇيرۇلدى».

12:13 **«...چۈنكى ئوغۇللىرى ... قايسى يول بىلەن كەتكىنىنى كۆرگەنىدى»** ــ ياكى، «ئاندىن ئوغۇللىرى ... قايسى يول بىلەن كەتكىنىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى».

15:13 **«ئۆيۈمگە بېرىپ نان يېگىن»** ــ «نان يېگىن» ئۇيغۇرلارنىڭ «چاي ئىچىڭ» دېگىنىدەك، «تاماق يېگىن» دېگەن مەنىدە.

17:13 **« چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز سۆزى بىلەن ماڭا تاپىلاپ: «...» دېگەن، دېدى»** ــ ئىبرانيي تىلدا « چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بىلەن ماڭا تاپىلاپ: «...» دېيىلگەن، دېدى»

دېدى، دەپ ئېيتتى. لېكىن ئۇ شۇنى دەپ ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىۋاتاتتى.
[19] شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ ئادىمى ئۇنىڭ بىلەن يېنىپ ئۆيىدە نان يەپ
سۇ ئىچتى. [20] لېكىن ئۇلار داستىخاندا ئولتۇرغىنىدا، پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى ئۇنى ياندۇرۇپ ئەكەلگەن قېرى پەيغەمبەرگە كەلدى. [21] ئۇ
يەھۇدادىن كەلگەن خۇدانىڭ ئادىمىنى چاقىرىپ: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ «سەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ،
پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ بۇيرۇغان ئەمرىنى تۇتماي، [22] بەلكى يېنىپ،
ئۇ ساڭا: ــ نان يېمە، سۇ ئىچمە، دەپ مەنئى قىلغان يەردە نان يەپ سۇ
ئىچكىنىڭ تۈپەيلىدىن، جەسىتىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ قەبرىسىدە
كۆمۈلمەيدۇ»، دەپ توۋلىدى.
[23] ۋە شۇنداق بولدىكى، خۇدانىڭ ئادىمى نان يەپ سۇ ئىچىپ بولغاندا،
ئۇنىڭغا، يەنى ئۆزى ياندۇرۇپ ئەكەلگەن پەيغەمبەرگە ئېشەكنى
توقۇپ بەردى. [24] ئۇ يولغا چىقتى. كېتىۋاتقىنىدا، يولدا ئۇنىڭغا بىر
شىر ئۇچراپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جەستى يولدا
تاشلىنىپ قالدى، ئېشىكى بولسا ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى؛ شىرمۇ
جەسەتنىڭ يېنىدا تۇراتتى.
[25] مانا بىرنەچچە ئادەم ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يولدا تاشلىنىپ قالغان
جەسەت بىلەن جەسەتنىڭ يېنىدا تۇرغان شىرنى كۆردى؛ ئۇلار
قېرى پەيغەمبەر تۇرغان شەھەرگە كېلىپ ئۇ يەردە شۇ خەۋەرنى
يەتكۈزدى. [26] ئۇنى يولدىن ياندۇرغان پەيغەمبەر بۇنى ئاڭلاپ: ــ ئۇ دەل
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ئىتائەتسىزلىك قىلغان خۇدانىڭ ئادىمىدۇر.
شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇنى شىرغا تاپشۇردى؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا قىلغان
سۆزى بويىچە شىر ئۇنى تىتما-تىتما قىلىپ ئۆلتۈردى، دېدى.
[27] ئۇ ئوغۇللىرىغا: ــ ماڭا ئېشەكنى توقۇپ بېرىڭلار، دېدى؛ ئۇلار ئۇنى

---

13:18 **«بىر پەرىشتە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ماڭا يەتكۈزۈپ: ــ «...» دېدى،...» ــ** ئىبرانىي تىلىدا « بىر پەرىشتە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بىلەن ماڭا تاپىلاپ: ــ «...» دېدى،...»

**13:18** گال. 1:8

**13:24** 1پاد. 20:36

تۇقۇپ بەردى.
[28] ئۇ يولدا تاشلاقلىق جەسەت بىلەن جەسەتنىڭ يېنىدا تۇرغان ئېشەك
ۋە شىرنى تاپتى. شىر بولسا نە جەسەتنى يېمىگەنىدى نە ئېشەكنىمۇ
تالىمىغانىدى. [29] پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ
ئېشەككە ئارتىپ ياندى. قېرى پەيغەمبەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم
تۇتۇپ ئۇنى دەپنە قىلغىلى شەھەرگە كىردى. [30] ئۇ جەسەتنى ئۆز
قەبرىستانلىقىدا قويدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ: ــ ئاھ
بۇرادىرىم! ــ دەپ پەرياد كۆتۈردى.
[31] ئۇنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆز ئوغۇللىرىغا: ــ مەن ئۆلگەندە
مېنى خۇدانىڭ ئادىمى دەپنە قىلىنغان گۆرگە دەپنە قىلىڭلار؛ مېنىڭ
سۆڭەكلىرىمنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنىڭ يېنىدا قويۇڭلار؛ [32] چۈنكى ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەيت-ئەلدىكى قۇربانگاھقا قارىغان
ۋە سامارىيەدىكى شەھەرلەرنىڭ «يۇقىرى جاي»لىرىدىكى ئىبادەت
ئۆيلىرىگە قارىغان، ئۇنىڭ جار قىلغان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي
قالمايدۇ، ــ دېدى.
[33] لېكىن يەروبوئام بۇ ۋەقەدىن كېيىنمۇ ئۆز رەزىل يولىدىن يانماي،
بەلكى «يۇقىرى جايلار»غا ھەرخىل خەلقتىن كاھىنلارنى تەيىنلىدى؛
كىم خالىسا، ئۇ شۇنى «مۇقەددەس قىلىپ» كاھىنلىق مەنسىپىگە
بېغىشلايتتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «يۇقىرى جايلار»دا قۇربانلىق
قىلىشقا كاھىن بولاتتى. [34] شۇ ئىش تۈپەيلىدىن يەروبوئام جەمەتىنىڭ

---

32:13 **«چۈنكى پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ... جار قىلغان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي قالمايدۇ، ــــ دېدى»** ــ بۇ سىرلىق ۋەقە ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**32:13** 2پاد. 16:23

33:13 **«...ئۇ شۇنى «مۇقەددەس قىلىپ» كاھىنلىق مەنسىپىگە بېغىشلايتتى»** ــ مۇشۇ يەردە «مۇقەددەس قىلىپ» (كاھىنلىق مەنسىپىگە بېغىشلاش») ئىنتايىن كىنايىلىك گەپ. خۇداغا كاھىن بولۇش ئۈچۈن «مۇقەددەس قىلىپ خۇداغا ئاتىلىشى» كېرەك ئىدى. لېكىن مۇشۇ يەردە مۇشۇ «كاھىنلار» بۇتلارغا ئاتىلىدۇ.

**33:13** 1پاد. 31:12، 32

ھېسابىغا گۇناھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدىن ئۈزۈپ ئېلىنىپ ھالاك
بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

## خۇدا يەنە يەروبوئامنى ئاگاھلاندۇرىدۇ

14 [1] ئۇ ۋاقىتتا يەروبوئامنىڭ ئوغلى ئابىياھ كېسەل بولۇپ
قالدى. [2] يەروبوئام ئايالىغا: ــ ئورنۇڭدىن قوپۇپ، ھېچكىم
سېنىڭ يەروبوئامنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىڭنى تونۇمىغۇدەك
قىلىپ ئۆز قىياپىتىڭنى ئۆزگەرتىپ، شىلوھقا بارغىن. مانا ماڭا:
«بۇ خەلقنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ بولىسەن» دەپ ئېيتقان ئاخىياھ
پەيغەمبەر ئۇ يەردە ئولتۇرىدۇ. [3] قولۇڭغا ئون نان، بىرنەچچە پوشكال،
بىر قۇتا ھەسەلنى ئېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا بارغىن. ئۇ يىگىتىمىزنىڭ
نېمە بولىدىغانلىقىنى ساڭا دەپ بېرىدۇ، دېدى.
[4] يەروبوئامنىڭ ئايالى شۇنداق قىلىپ، شىلوھقا بېرىپ ئاخىياھنىڭ
ئۆيىگە كەلدى. ئاخىياھنىڭ كۆزلىرى قېرىلىقتىن كور بولۇپ
كۆرەلمەيتتى. [5] لېكىن پەرۋەردىگار ئاخىياھقا: ــ مانا، يەروبوئامنىڭ
ئايالى ئۆز ئوغلى توغرىسىدا سەندىن سورىغىلى كېلىدۇ، چۈنكى
ئۇ كېسەلدۇر. ئۇنىڭغا مۇنداق-مۇنداق دېگىن؛ چۈنكى ئۇ كەلگەندە
باشقا قىياپەتكە كىرىۋالغان بولىدۇ، دەپ ئېيتقانىدى.
[6] ئۇ ئىشىكتىن كىرگەندە ئاخىياھ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ مۇنداق
دېدى: ــ «ھەي، يەروبوئامنىڭ ئايالى، كىرگىن؛ نېمىشقا باشقا
قىياپەتكە كىرىۋالدىڭ؟ ساڭا بىر شۇم خەۋەرنى بېرىش ماڭا بۇيرۇلدى.
[7] بېرىپ يەروبوئامغا مۇنداق دېگىن: ــ «ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مەن سېنى خەلقنىڭ ئارىسىدىن

---

**2:14** 1پاد. 31:11

**6:14** **«ساڭا بىر شۇم خەۋەرنى بېرىش ماڭا بۇيرۇلدى»** ــ «ماڭا بۇيرۇلدى» دېگەنلىك ئىبرانىي تىلىدا: «مەن ئەۋەتىلدىم» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ئۆز خەلقىم ئىسرائىلغا ھۆكۈمران قىلىپ
[8] پادىشاھلىقنى داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن يىرتىۋېتىپ، ساڭا بەردىم؛
لېكىن سەن مېنىڭ ئەمرلىرىمنى تۇتۇپ، نەزىرىمدە پەقەت دۇرۇس
بولغاننىلا قىلىشتا پۈتۈن قەلبىدىن ماڭا ئەگەشكەن قۇلۇم داۋۇتقا
ئوخشاش بولمىدىڭ، [9] بەلكى ئۆزۈڭدىن ئىلگىرى كەلگەنلەرنىڭ
ھەممىسىدىن ئارتۇق رەزىللىك قىلىپ، مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغاپ،
مېنى ئارقاڭغا تاشلاپ، بېرىپ ئۆزۈڭگە غەيرىي ئىلاھلارنى، قۇيما
مەبۇدلارنى ياساتتىڭ. [10] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يەروبوئامنىڭ جەمەتىگە
بالا چۈشۈرۈپ، يەروبوئامنىڭ ئىسرائىلدىكى خانداندىن ھەممە
ئەركەكنى، ھەتتا ئاجىز ياكى مېيىپ بولسىمۇ ھەممىسىنى ئۈزۈپ
تاشلايمەن، ئادەملەر پوق-تېزەكلەرنى سۈپۈرگەندەك يەروبوئامنىڭ
جەمەتىدىن قالغىنىنى يوق بولغۇچە سۈپۈرىمەن.
[11] يەروبوئامدىن بولغانلاردىن شەھەردە ئۆلگىنىنى ئىتلار يەيدۇ؛
سەھرادا ئۆلگىنىنى ئاسماندىكى قۇشلار يەيدۇ. چۈنكى پەرۋەردىگار
شۇنداق سۆز قىلغاندۇر. [12] ئەمدى سەن بولساڭ، قوپۇپ ئۆز ئۆيۈڭگە
بارغىن؛ ئايىغىڭ شەھەرگە كىرگەن ھامان، بالا ئۆلىدۇ. [13] پۈتۈن
ئىسرائىل ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ ئۇنى دەپنە قىلىدۇ. چۈنكى
يەروبوئامنىڭ جەمەتىدىن قەبرىگە قويۇلىدىغان يالغۇز شۇلا بولىدۇ؛
چۈنكى يەروبوئامنىڭ جەمەتىنىڭ ئارىسىدا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا پەقەت شۇنىڭدا پەزىلەت تېپىلدى.
[14] ئەمدى پەرۋەردىگار ئۆزىگە يەروبوئامنىڭ جەمەتىنى ئۈزۈپ
تاشلايدىغان، ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدىغان بىر

---

**7:14** 1پاد. 15:12

**10:14** **«ھەممە ئەركەك»** — ئىبرانىي تىلدا: «تامغا قاراپ سىيىدىغان ھەربىرى» دېگەنلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«...ھەتتا ئاجىز ياكى مېيىپ بولسىمۇ ھەممىسىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... ياكى كىچىك ياكى چوڭ بولسا، ھەممىسىنى تاشلايمەن». **«ئادەملەر پوق-تېزەكلەرنى سۈپۈرگەندەك ... يوق بولغۇچە سۈپۈرىمەن»** — ياكى «ئادەملەر تېزەك كۆيدۈرگەندەك ... يوق بولغۇچە كۆيدۈرۈۋېتىمەن».

**10:14** 1سام. 22:25، 34؛ 1پاد. 15:29؛ 16:11؛ 21:21؛ 2پاد. 9:8

پادىشاھنى تىكلەيدۇ. دەرھەقىقەت، ئۇ پات ئارىدا بولىدۇ! [15] پەرۋەردىگار
ئىسرائىلنى ئۇرۇپ، خۇددى سۇدا لىڭشىپ قالغان قومۇشتەك قىلىپ
قويىدۇ، ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقدىم قىلغان بۇ ياخشى زېمىندىن
قومۇرۇپ، ئۇلارنى ئەفرات دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە تارقىتىدۇ؛ چۈنكى
ئۇلار ئۆزىگە «ئاشەراھ بۇتلار»نى ياساپ پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى
قوزغىدى. [16] يەروبوئامنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن،
ئۇنىڭ ئىسرائىلنى گۇناھ قىلدۇرغىنى تۈپەيلىدىن، خۇدا ئىسرائىلنى
تاشلاپ بېرىدۇ!»».
[17] شۇنىڭ بىلەن يەروبوئامنىڭ ئايالى قوپۇپ، يولغا چىقىپ
تىرزاھقا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىشىغا
بالا ئۆلدى. [18] ئۇلار ئۇنى دەپنە قىلدى. پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز قۇلى
ئاخىياھ پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقان سۆزىدەك، پۈتۈن ئىسرائىل
ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتتى.
[19] ئەمدى يەروبوئامنىڭ باشقا ئىشلىرى، يەنى جەڭلىرى ۋە
قانداق سەلتەنەت قىلغانلىرى توغرىسىدا مانا، «ئىسرائىل
پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەندۇر.
[20] يەروبوئامنىڭ سەلتەنەت قىلغان ۋاقتى يىگىرمە ئىككى يىل
بولۇپ، ئۇ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى. ئوغلى ناداب
ئۇنىڭ ئورنىدا ھۆكۈم سۈردى.

---

**14:14** 1پاد. 15:28، 29

**15:14 «ئاشەراھ بۇتلار»** ــ بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم ئايال بۇت شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**15:14** 2پاد. 18:17

**19:14 «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى»** ــ بۇ كىتاب تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە» دېگەن كىتاب ئەمەس، بىراق شۈبھىسىزكى، تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە»نىڭ مۇئەللىپلىرى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇچۇرلارنى ئالغاندى.

## رەھوبوئامنىڭ سەلتەنىتى

**2تار. 12:1-16**

[21] ۋە سۇلايماننىڭ ئوغلى رەھوبوئام بولسا يەھۇدانىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم
سۈردى. رەھوبوئام پادىشاھ بولغاندا قىرىق بىر ياشقا كىرگەنىدى؛
ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز نامىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن، ئىسرائىلنىڭ
ھەممە قەبىلىلىرى ئارىسىدىن تاللىغان يېرۇسالېم شەھىرىدە
ئون يەتتە يىل ھۆكۈم سۈردى؛ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى نائاماھ
بولۇپ، ئاممونىي ئىدى. [22] يەھۇدالار بولسا پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە
يامانلىق قىلدى؛ ئۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى سادىر قىلغانلىرىدىن
زىيادە گۇناھلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ ھەسەتلىك غەزىپىنى قوزغىغانىدى.
[23] چۈنكى ئۇلار «يۇقىرى جايلار»نى، «بۇت تۈۋرۈك»لەرنى ۋە ھەم ھەربىر
ئېگىز دۆڭلار ئۈستىدە، ھەربىر كۆك دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا «ئاشەراھ»
بۇتلارنى ياسىدى. [24] ۋە زېمىندا كەسپىي بەچچىۋازلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار
پەرۋەردىگار ئەسلىدە ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ چىقارغان
ئەللەرنىڭ بارلىق يىرگىنچلىك ھارام ئىشلىرىنى قىلاتتى.
[25] رەھوبوئام پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ بەشىنچى يىلىدا شۇنداق
بولدىكى، مىسىرنىڭ پادىشاھى شىشاك يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلدى.
[26] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى گۆھەر-بايلىقلارنى ھەم پادىشاھنىڭ
ئوردىسىدىكى گۆھەر-بايلىقلارنى ئېلىپ كەتتى؛ ئۇ ھەممىسىنى،
جۈملىدىن سۇلايمان ياساتقان ئالتۇن سىپارلارنىمۇ ئېلىپ كەتتى
. [27] ئۇلارنىڭ ئورنىدا رەھوبوئام پادىشاھ مىستىن بىرمۇنچە سىپار-
قالقانلار ياسىتىپ، ئۇلارنى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ كىرىش يولىنى
ساقلايدىغان پاسىبان بەگلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. [28] شۇنداق
قىلىپ، پادىشاھ ھەر قېتىم پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان چاغدا،

---

**21:14** 2تار. 13:12

**24:14** **«كەسپىي بەچچىۋازلار»** ــ بۇ كىشلەر بۇتپەرەسلىككە ياكى بۇتخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پۇل ئۈچۈن بەچچىۋازلىق قىلاتتى.

**25:14** 2تار. 2:12

**26:14** 1پاد. 16:10، 17؛ 2تار. 15:9

پاسىبانلار ئۇ سىپار-قالقانلارنى كۆتۈرۈپ چىقاتتى، ئاندىن ئۇلارنى
يەنە پاسىبانخانىغا ئەكىرىپ قويۇشاتتى. [29] ئەمما رەھوبوئامنىڭ
باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغىنىنىڭ ھەممىسى «يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ
تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
[30] رەھوبوئام بىلەن يەروبوئام بارلىق كۈنلىرىدە بىر-بىرى بىلەن جەڭ
قىلىشىپ تۇرغاندى. [31] رەھوبوئام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا
ئۇخلىدى ۋە «داۋۇتنىڭ شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ
ئىسمى نائاماھ بولۇپ، بىر ئاموني ئىدى. رەھوبوئامنىڭ ئوغلى
ئابىيام ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئابىياھ يەھۇداغا ھۆكۈم سۈرىدۇ

2تار. 1:13-23

15 [1] نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئام پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ
ئون سەككىزىنچى يىلىدا ئابىيام يەھۇدانىڭ ئۈستىگە
پادىشاھ بولۇپ [2] يېرۇسالېمدا ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى.
ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى مائاكاھ بولۇپ، ئابىشالومنىڭ
قىزى ئىدى. [3] ئابىيامنىڭ قەلبى بوۋىسى داۋۇتنىڭ كۆڭلىدەك
خۇداسى پەرۋەردىگارغا پۈتۈنلەي بېغىشلانغان ئەمەس ئىدى،
بەلكى ئاتىسى رەھوبوئامنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قىلغان

29:14 **«يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى»** — بۇ كىتاب تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە» دېگەن كىتاب ئەمەس، بىراق شۈبھىسىزكى، تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە»نىڭ مۇئەللىپلىرى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇچۇرلار ئالغانىدى.

31:14 **«رەھوبوئامنىڭ ئوغلى ئابىيام»** — مۇشۇ يەردە ۋە 1:15-8دە ئىبرانيي تىلىدا «ئابىياھ»نىڭ ئىملاسى «ئابىيام» بولىدۇ.

1:15 **«ئابىيام»** — باشقا خىل شەكلى «ئابىياھ».

**1:15** 2تار. 1:13

2:15 **«ئابىشالومنىڭ قىزى»** — ياكى «ئابىشالومنىڭ قىزى». بۇ «ئابىشالوم» داۋۇتنىڭ ئوغلى ئابشالوم بولۇشى مۇمكىن.

**2:15** 2تار. 2:13

بارلىق گۇناھلىرىدا ماڭاتتى. [4] شۇنداقتىمۇ داۋۇتنىڭ سەۋەبىدىن
خۇداسى پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدا ئۇنىڭغا يورۇق بىر چىراغنى
قالدۇرۇش ئۈچۈن، داۋۇتنىڭ ئەۋلادىنى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ
تىكلەپ تۇرغۇزدى ۋە يېرۇسالېمنى قوغدىدى. [5] چۈنكى داۋۇت
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلىپ، ھىتتىي
ئۇرىياغا قىلغانلىرىدىن باشقا ئۆمرىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە
پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئەمر قىلغانلىرىدىن چىقمىدى.
[6] ئەمدى ئابىيامنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە رەھوبوئام بىلەن يەروبوئام بىر-
بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپ تۇردى.
[7] ئابىيامنىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «يەھۇدا
پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن
ئەمەسمىدى؟ ئابىيام بىلەن يەروبوئام بىر-بىرى بىلەن جەڭ
قىلىشىپ تۇراتتى.
[8] ئابىيام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى؛ ئۇلار ئۇنى
«داۋۇتنىڭ شەھىرى»دە دەپنە قىلدى. ئاندىن ئوغلى ئاسا ئورنىدا
پادىشاھ بولدى.

---

4:15 **«داۋۇتنىڭ ئەۋلادى»** — ئىبرانىي تىلدا «داۋۇتنىڭ ئوغلى». **«شۇنداقتىمۇ داۋۇتنىڭ سەۋەبىدىن خۇداسى پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدا ئۇنىڭغا يورۇق بىر چىراغنى قالدۇرۇش ئۈچۈن، داۋۇتنىڭ ئەۋلادىنى ... تۇرغۇزدى ۋە يېرۇسالېمنى قوغدىدى»** — خۇدانىڭ داۋۇتقا بىر «چىراغ» قالدۇرغانلىقى، بەلكىم ئۇنىڭ كېيىنكى كۆپ دەۋرلەرگە: «داۋۇت مېنىڭ سادىق قۇلۇم ئىدى» دەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن دائىم ئۇنىڭ خاندانىدىكىلەردىن بىرىنى يېرۇسالېمدىكى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، خۇدا بۇ ئىش ئارقىلىق (داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇزۇنغىچە تەختتە ئولتۇرۇشى)، ئەسلىدە داۋۇتقا: كەلگۈسى بىر زاماندا سېنىڭ ئەۋلادىڭ (مەسىھ) دۇنياغا كېلىپ، دۇنيانى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى قىلىدۇ» دېگەن ۋەدەمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، دەپمۇ كۆرسىتىدۇ.

**4:15** 1پاد. 36:11

**5:15** 2سام. 11:4، 15؛ 9:12

6:15 **«ئابىيامنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە رەھوبوئام بىلەن يەروبوئام بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپ تۇردى»** — شۈبھىسىزكى، مۇشۇ ئايەتتە «رەھوبوئام» بولسا رەھوبوئام جەمەتىنى ۋە «يەروبوئام» بولسا يەروبوئام جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ.

**8:15** 2تار. 23:13

## ئاسا يەھۇداغا ھۆكۈم سۈرىدۇ

2تار. 14:1-2؛ 15:16؛ 16: 6، 11-14

[9] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەروبوئام سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمىنچى
يىلىدا ئاسا يەھۇدانىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇپ [10] يېرۇسالېمدا
قىرىق بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى
مائاقاھ بولۇپ، ئابىشالومنىڭ قىزى ئىدى. [11] ئاسا ئاتىسى داۋۇت
قىلغاندەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلدى. [12] ئۇ
كەسىپىي بەچچىۋازلارنى زېمىندىن ھەيدەپ، ئاتا-بوۋىلىرى ياساتقان
ھەممە يىرگىنچلىك مەبۇدلارنى يوقىتىۋەتتى. [13] ئۇ يەنە چوڭ ئانىسى
مائاقاھنى يىرگىنچلىك بىر «ئاشەراھ» تۈۋرۈكنى ياسىغىنى ئۈچۈن
خانىشلىق مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئاسا بۇ يىرگىنچلىك بۇتنى
كېسىپ كىدرون جىلغىسىدا كۆيدۈرۈۋەتتى. [14] «يۇقىرى جايلار»
يوقىتىلمىسىمۇ، ئاسانىڭ قەلبى ئۆمرىنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە
پەرۋەردىگارغا پۈتۈنلەي بېغىشلانغانىدى. [15] ھەم ئاتىسى ھەم ئۇ ئۆزى
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ياسىغان نەرسىلەرنى، جۈملىدىن كۈمۈش بىلەن
ئالتۇننى ۋە تۈرلۈك قاچا-قۇچىلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كەلتۈردى.
[16] ئەمدى ئاسا ۋە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بائاشا بارلىق كۈنلىرىدە بىر-
بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپ تۇردى. [17] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بائاشا
يەھۇداغا قارشى ھۇجۇم قىلدى؛ ھېچكىم يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسا

---

**10:15 «ئۇنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى مائاقاھ بولۇپ...»** — بۇ ئىبارىدە ئىبرانىي تىلدا «چوڭ ئانىسى» دېگەن «ئۇنىڭ ئانىسى» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىبرانىي تىلدا گاھى ۋاقىتلاردا «ئاتا» ياكى «ئانا» ئادەمنىڭ ئەجدادىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، 11-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**12:15 «كەسىپىي بەچچىۋازلار»** — بۇ كىشىلەر بۇتپەرەسلىككە ياكى بۇتخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

**12:15** 1پاد. 47:22

**13:15 «ئۇ يەنە چوڭ ئانىسى مائاقاھنى ... خانىشلىق مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈۋەتتى»** — «خانىشلىق مەرتىۋىسى»: بۇ سۆزگە قارىغاندا ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى مائاقاھ پادىشاھلىقتا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

**13:15** 2تار. 16:15

**15:15** لاۋ. 15:5

بىلەن باردى-كەلدى قىلمىسۇن دەپ، راماھ شەھىرىنى مەھكەم قىلىپ
ياسىدى. [18] ئۇ ۋاقىتتا ئاسا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى خەزىنىلەردە
قالغان بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش ۋە پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى
خەزىنىلەردە قالغان ئالتۇن-كۈمۈشنى ئېلىپ خىزمەتكارلىرىنىڭ
قولىغا تاپشۇردى؛ ئاندىن ئاسا پادىشاھ ئۇلارنى دەمەشقتە تۇرۇشلۇق
سۇرىيە پادىشاھى ھېزىئوننىڭ نەۋرىسى، تابرىممونىنىڭ ئوغلى بەن-
ھادادقا ئەۋەتتى ۋە شۇلار بىلەن بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ: ــ
[19] «مېنىڭ ئاتام بىلەن سىلىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئارىسىدا بولغاندەك
مەن بىلەن سىلىنىڭ ئارىلىرىدا بىر ئەھدە بولسۇن. مانا، سىلىگە
كۈمۈش بىلەن ئالتۇندىن ھەدىيە ئەۋەتتىم؛ ئەمدى ئىسرائىلىنىڭ
پادىشاھى بائاشا بىلەن بولغان ئەھدىلىرىدىن قوللىرىنى ئۈزسىلە؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى قامال قىلىشتىن قول ئۈزسۇن» ــ دېدى.
[20] بەن-ھاداد ئاسا پادىشاھنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۆز قوشۇنىنىڭ
سەردارلىرىنى ئىسرائىلىنىڭ شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ،
ئىجون، دان، بەيت-مائاقاھدىكى ئابەل، پۈتكۈل كىننەرەت يۇرتى
بىلەن نافتالىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى بېقىندۇردى. [21] بائاشا بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ، راماھ ئىستىھكامىنى ياساشتىن قولىنى يىغىپ، تىرزاھقا
بېرىپ تۇردى.
[22] ئاسا پادىشاھ بولسا پۈتكۈل يەھۇدانىڭ ئادەملىرىنى ھېچبىرىنى
قويماي چاقىرىپ يىغدى؛ ئۇلار بائاشا راماھ شەھىرىنى ياساشقا
ئىشلەتكەن تاشلار بىلەن ياغاچلارنى راماھتىن توشۇپ ئېلىپ كەتتى.
ئاسا پادىشاھ مۇشۇلارنى ئىشلىتىپ بىنيامىن زېمىنىدىكى گېبانى
ۋە مىزپاھنى مەھكەم قىلىپ ياسىدى.
[23] ئەمدى ئاسانىڭ باشقا ئىشلىرى، ئۇنىڭ زور قۇدرىتى، ئۇنىڭ
قىلغىنىنىڭ ھەممىسى، شۇنداقلا ياسىغان شەھەرلەر توغرىسىدا
«يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا

---

**17:15** 2تار. 1:16

**18:15** 1پاد. 1:20؛ 2تار. 2:16-14

پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ لېكىن قىرىغاندا، ئۇنىڭ پۇتىدا بىر كېسەل پەيدا بولدى. 24 ئاسا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە داۋۇتنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى يەھوشافات ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ناداب ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

25 يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئىككىنچى يىلىدا يەروبوئامنىڭ ئوغلى ناداب ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى؛ ئۇ ئىسرائىلغا ئىككى يىل پادىشاھ بولدى. 26 ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ ئاتىسىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئاتىسىنىڭ ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان گۇناھلىرىدا ماڭدى.

27 لېكىن ئىسساكار جەمەتىدىن بولغان ئاخىياھنىڭ ئوغلى بائاشا ئۇنىڭغا قەست قىلىپ، ئۇنى فىلىستىيلەرنىڭ تەۋەسىدىكى گىببېتوندا ئۆلتۈردى. شۇ چاغدا ناداب پۈتۈن ئىسرائىللار بىلەن بىرلىكتە گىببېتونغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى.

28 يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا بائاشا نادابنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. 29 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ پادىشاھ بولغاندا يەروبوئامنىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى چېپىپ ئۆلتۈردى؛ پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى شىلوھلۇق ئاخىياھنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئۇ يەروبوئامنىڭ جەمەتىدىن نەپەسى بارلارنى بىرنىمۇ قويماي پۈتۈنلەي يوقاتتى.

30 بۇ ئىش يەروبوئامنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرى ھەم ئۇنىڭ ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن بولدى؛ ئۇ شۇلار بىلەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قاتتىق قوزغىغانىدى. 31 نادابنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن

**24:15** 2تار. 13:16؛ 1:17

**29:15** 1پاد. 10:14، 14

كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
32 ئاسا ۋە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بائاشا بارلىق كۈنلىرىدە بىر-بىرى
بىلەن جەڭ قىلىشىپ تۇردى.

## بائاشا ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

33 يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا
ئاخىيانىڭ ئوغلى بائاشا پۈتۈن ئىسرائىل ئۈستىگە تىرزاھتا ھۆكۈم
سۈرۈشكە باشلىدى؛ ئۇ يىگىرمە تۆت يىل سەلتەنەت قىلدى. 34 ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى؛ ئۇ يەروبوئامنىڭ
يولىدا يۈرۈپ، ئىسرائىلنى گۇناھقا پاتقۇزغان گۇناھىدا ماڭدى.

16 1 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ھانانىنىڭ ئوغلى يەھۇغا كېلىپ
بائاشانى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەندە: — 2 «مانا، مەن سېنى توپا-
چاڭ ئىچىدىن چىقىرىپ، خەلقىم ئىسرائىلغا ھۆكۈمران قىلىپ قويدۇم.
لېكىن سەن يەروبوئامنىڭ يولىدا يۈرۈپ خەلقىم ئىسرائىلنى گۇناھقا
پۇتلاشتۇردۇڭ، ئۇلار گۇناھلىرى بىلەن غەزىپىمنى قوزغىدى. 3 مانا،
مەن بائاشانى ئۆز جەمەتى بىلەن سۈپۈرۈپ يوقىتىپ، جەمەتىڭنى
نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ جەمەتىگە ئوخشاش قىلىمەن.
4 بائاشادىن بولغانلاردىن شەھەردە ئۆلگىنىنى ئىتلار يەيدۇ؛ سەھرادا
ئۆلگىنىنى ئاسماندىكى قۇشلار يەيدۇ».
5 بائاشانىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ قىلغانلىرى بىلەن قۇدرىتى
توغرىسىدا «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى»
دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ 6 بائاشا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى
ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە تىرزاھتا دەپنە قىلىندى؛ ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى

---

**2:16** 1پاد. 7:14

**3:16** 1پاد. 29:15

**4:16** 1پاد. 11:14؛ 29:15؛ 12:16

ئېلاھ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

[7]بائاشانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە قىلغان بارلىق رەزىللىكى تۈپەيلىدىن، پەرۋەردىگارنىڭ بائاشانىڭ بېشىغا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ بېشىغا چۈشۈرگىنى توغرۇلۇق سۆزى ھانانىنىڭ ئوغلى يەھۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگەنىدى. چۈنكى ئۇ يەروبوئامنىڭ جەمەتى قىلغىنىغا ئوخشاش قىلىپ ئۆز قوللىرىنىڭ ئىشلىرى (جۈملىدىن يەروبوئامنىڭ جەمەتىنى چېپىپ ئۆلتۈرگەنلىكى) بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.

## ئېلاھ ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

[8]يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە ئالتىنچى يىلىدا، بائاشانىڭ ئوغلى ئېلاھ تىرزاھتا ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. [9]لېكىن ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ يېرىمىغا سەردار بولغان خىزمەتكارى زىمرى ئۇنىڭغا قەست قىلدى؛ ئېلاھ تىرزاھتا تىرزاھتىكى ئوردىسىدىكى غوجىدار ئارزانىڭ ئۆيىدە شاراب ئىچىپ مەست بولغاندا [10] زىمرى كىرىپ ئۇنى چېپىپ ئۆلتۈردى. بۇ ۋاقىت يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى يىلى ئىدى. زىمرى ئېلاھنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

[11] ئۇ پادىشاھ بولۇپ ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇشى بىلەنلا ئۇ بائاشانىڭ بارلىق جەمەتىنى چېپىپ ئۆلتۈردى؛ ئۇ ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىدىن بىر ئەركەكنىمۇ تىرىك قالدۇرمىدى. [12] شۇنداق قىلىپ زىمرى پەرۋەردىگارنىڭ يەھۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق بائاشانى ئەيىبلىگەن سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بائاشانىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى يوقاتتى. [13] بۇ ئىش بائاشانىڭ بارلىق گۇناھلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى

---

**10:16** 2پاد. 9:31

11:16 **«ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىدىن بىر ئەركەكنىمۇ تىرىك قالدۇرمىدى»** — بۇنىڭدا «(ھەربىر) ئەركەك» ئىبرانىي تىلىدا: «تامغا قاراپ سىيىدىغان ھەربىرى» دېگەنلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئىلاھنىڭ گۇناھلىرى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان گۇناھلىرى، ئەرزىمەس بۇتلىرى بىلەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، شۇنداق بولدى.
14 ئىلاھنىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟

## زىمرى ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

15 يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى يىلىدا زىمرى تىرزاھتا يەتتە كۈن سەلتەنەت قىلدى. خەلق فىلىستىيلەرگە تەۋە بولغان گىببېتوننى قورشىۋېلىپ بارگاھ تىككەندى. 16 بارگاھتا تۇرغان خالايىق: — «زىمرى قەست قىلىپ پادىشاھنى ئۆلتۈردى» دەپ ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىل شۇ كۈنى بارگاھتا قوشۇننىڭ سەردارى ئومرىنى ئىسرائىلغا پادىشاھ قىلدى. 17 ئاندىن ئومرى ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىنى يېتەكلەپ، گىببېتوندىن چىقىپ، تىرزاھنى قورشىدى. 18 ۋە شۇنداق بولدىكى، زىمرى شەھەرنىڭ ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، پادىشاھ ئوردىسىدىكى قورغانغا كىرىپ، ئوردىغا ئوت قويۇۋەتتى، ئۆزى كۆيۈپ ئۆلدى. 19 بۇ ئىش ئۆزىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىللىك قىلىپ، يەروبوئامنىڭ يولىدا يۈرۈپ، ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان گۇناھتا ماڭغىنى ئۈچۈن شۇنداق بولدى. 20 زىمرىنىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قەست قىلغىنى توغرىسىدا «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
21 ئەمما ئىسرائىل خەلقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ يېرىمى گىناتنىڭ ئوغلى تىبنىنى پادىشاھ قىلىشقا ئۇنىڭغا ئەگەشتى؛ باشقا يېرىمى بولسا ئومرىغا ئەگەشتى. 22 ئەمدى ئومرىغا ئەگەشكەن خەلق گىناتنىڭ ئوغلى تىبنىگە ئەگەشكەن خەلقتىن كۈچلۈك چىقتى.

13:16 **«ئەرزىمەس بۇتلىرى بىلەن...»** — ئىبرانىي تىلىدا «يوق بولغان نەرسىلىرى بىلەن...»

تىبنى ئۆلدى؛ ئومرى پادىشاھ بولدى.
[23] يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسانىڭ ئوتتۇز بىرىنچى يىلىدا ئومرى ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ ئون ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇ تىرزاھتا ئالتە يىل سەلتەنەت قىلدى. [24] ئۇ شەمەردىن سامارىيە ئېگىزلىكىنى ئىككى تالانت كۈمۈشكە سېتىۋېلىپ، شۇ ئېگىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلۇشلارنى سېلىپ بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنى ئېگىزلىكنىڭ ئەسلىي ئىگىسى شەمەرنىڭ نامى بىلەن «سامارىيە» دەپ ئاتىدى. [25] ئومرى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىدىن بەتتەر بولۇپ يامانلىق قىلدى. [26] ئۇ نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ ھەممە يوللىرىدا، شۇنداقلا جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان گۇناھى ئىچىدە ماڭدى؛ ئۇلار ئەرزىمەس بۇتلىرى بىلەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.
[27] ئومرىنىڭ باشقا ئىشلىرى، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى، كۆرسەتكەن قۇدرىتى توغرىسىدا «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
[28] ئومرى ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە سامارىيەدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى ئاھاب ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئاھاب خەلقنى بۇتپەرەسلىككە تېخىمۇ ئازدۇرىدۇ

[29] يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز سەككىزىنچى يىلىدا ئومرىنىڭ ئوغلى ئاھاب ئىسرائىلغا پادىشاھ بولدى. ئومرىنىڭ ئوغلى ئاھاب سامارىيەدە يىگىرمە ئىككى يىل ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلدى. [30] ئەمما ئومرىنىڭ ئوغلى ئاھاب پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئاشۇرۇپ يامانلىق قىلدى. [31] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىدا يۈرۈش ئانچە ئېغىر گۇناھ ئەمەستەك، ئۇ زىدونىيلارنىڭ پادىشاھى ئەتبائالنىڭ قىزى

يېزەبەلنى خوتۇنلۇققا ئالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بائال دېگەن بۇتنىڭ
قۇللۇقىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. [32] ئۇ سامارىيەدە ياسىغان
بائالنىڭ بۇتخانىسى ئىچىگە بائالغا بىر قۇربانگاھ ياسىدى.
[33] ئاھاب ھەم بىر «ئاشەراھ بۇت»نىمۇ ياساتتى؛ ئاھاب شۇنداق قىلىپ
ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە پادىشاھلىرىنىڭ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان ئىشلىرىدىن
ئاشۇرۇپ يامانلىق قىلدى. [34] ئۇنىڭ كۈنلىرىدە بەيت-ئەللىك خىئەل
يېرىخو شەھىرىنى ياسىدى؛ لېكىن ئۇ ئۇنىڭ ئۇلىنى سالغاندا تۇنجى
ئوغلى ئابىرام ئۆلدى؛ ۋە دەرۋازىلىرىنى سالغاندا ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى
سەگۇب ئۆلدى؛ شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا
ئارقىلىق يېرىخو توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

## ئىلياس پەيغەمبەر مەيدانغا چىقىدۇ

17 [1] ئەمدى گىلېئادتا تۇرۇۋاتقانلاردىن بولغان تىشبىلىق
ئىلىياس ئاھابقا: ــ مەن خىزمىتىدە تۇرۇۋاتقان ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ
سۆزۈمسىز بۇ يىللاردا نە شەبنەم نە يامغۇر چۈشمەيدۇ، دېدى.

---

34:16 «ئۇ ئۇنىڭ ئۇلىنى سالغاندا تۇنجى ئوغلى ئابىرام ئۆلدى؛ ۋە دەرۋازىلىرىنى سالغاندا ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى سەگۇب ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ... يەشۇئا ئارقىلىق ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى» ــ يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ يېرىخو شەھىرىگە قارىتا لەنىتى توغرۇلۇق «يەشۇئا» 26:6نى كۆرۈڭ.

34:16 يە. 26:6

1:17 «گىلېئادتا تۇرۇۋاتقانلاردىن بولغان تىشبىلىق ئىلىياس...» ــ «ئىلىياس» ئىبرانىي تىلىدىكى «ئېلىياھ» دېگەننىڭ ئەرەبچە تەلەپپۇزىدۇر. «ئېلىياھ»نىڭ مەنىسى «پەرۋەردىگار (ياھ) مېنىڭ خۇدايىم». «ئىلىياس» ئوقۇرمەنلەرگە تونۇش بولغاچقا، پەيغەمبەرنىڭ نامىنىڭ ئەرەبچە تەلەپپۇزىنى ئىشلەتتۇق. «مەن خىزمىتىدە تۇرۇۋاتقان ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار» ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەن ئۇنىڭ (خۇدانىڭ) ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىلىياس ئۆزىنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا دائىم غوجىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان خىزمەتكارغا ئوخشىتىدۇ.

1:17 ياق. 17:5

2 ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
3 «بۇ يەردىن كېتىپ، مەشرىق تەرەپكە بېرىپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ
ئۇ تەرىپىدىكى قېرىت ئېقىنىنىڭ بويىدا ئۆزۈڭنى يوشۇرغىن؛ 4 ۋە
شۇنداق بولىدۇكى، سەن ئېقىنىنىڭ سۈيىدىن ئىچىسەن؛ مانا، ساڭا ئۇ
يەردە ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىشكە قاغا-قۇزغۇنلارنى بۇيرۇدۇم».
5 شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرۋەردىگار بۇيرۇغاندەك قىلىپ، ئىئوردان
دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېرىت ئېقىنىغا بېرىپ، ئۇ يەردە
تۇردى. 6 قاغا-قۇزغۇنلار ئەتىگەندە نان بىلەن گۆش، ھەر كەچتە يەنە نان
بىلەن گۆش يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئۇ ئۆزى ئېقىنىنىڭ سۈيىدىن ئىچەتتى.
7 لېكىن زېمىندا يامغۇر ياغمىغىنى ئۈچۈن بىرمەزگىلدىن كېيىن
ئېقىن سۇ قۇرۇپ كەتتى. 8 ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا
كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ 9 «ئورنۇڭدىن تۇرۇپ زىدونىدىكى زارەفاتقا
بېرىپ، ئۇ يەردە تۇرغىن؛ مانا، مەن ئۇ يەردىكى بىر تۇل خوتۇننى سېنى
بېقىشقا بۇيرۇدۇم».
10 ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ زارەفاتقا بېرىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا
كەلگەندە، مانا ئۇ يەردە بىر تۇل خوتۇن ئوتۇن تېرىپ تۇراتتى. ئۇ تۇل
خوتۇننى چاقىرىپ: ــ ئۆتۈنىمەن، قاچىدا ماڭا ئىچكىلى ئازراق سۇ
ئېلىپ كەلگەيسەن، دېدى.
11 ئۇ سۇ ئالغىلى ماڭغاندا، ئۇ يەنە: ــ ئۆتۈنىمەن، ماڭا قولۇڭدا بىر
چىشلەم نانمۇ ئالغاچ كەلگەيسەن، دېدى.
12 ئەمما ئۇ: ــ پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ھاياتى بىلەن، ساڭا قەسەم
قىلىمەنكى، مەندە ھېچ نان يوق، پەقەت ئىدىشتا بىر چاڭگال ئۇن،
كوزىدا ئازغىنە ماي بار، مانا ئىككى تال ئوتۇن تېرىۋاتىمەن؛ ئاندىن
بېرىپ ئۆزۈم بىلەن ئوغلۇمغا نان ئېتىپ، ئۇنى يەپ ئۆلىمىز، دېدى.
13 ئىلىياس ئۇنىڭغا: ــ قورقمىغىن؛ بېرىپ ئېيتقىنىڭدەك قىلغىن؛
لېكىن ئاۋۋال بىر كىچىك توقاچ ئېتىپ، ماڭا ئېلىپ كەلگىن؛
ئاندىن ئۆزۈڭ بىلەن ئوغلۇڭغا نان ئەتكىن. 14 چۈنكى ئىسرائىلنىڭ

9:17 لۇقا 4:25، 26

خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «پەرۋەردىگار يەر يۈزىگە يامغۇر
ياغدۇرىدىغان كۈنگىچىلىك ئىدىشتىكى ئۇن تۈگىمەيدۇ ۋە كوزىدىكى
ماي كېمەيمەيدۇ»، دېدى.
15 شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېرىپ، ئىلىياسنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلدى
ۋە ئۇ، ئىلىياس ۋە ئائىلىنىڭ ئۆيىدىكىلەر خېلى كۈنلەرگىچە
يېدى. 16 پەرۋەردىگارنىڭ ئىلىياس ئارقىلىق ئېيتقان سۆزى بويىچە،
ئىدىشتىكى ئۇن تۈگىمىدى ۋە كوزىدىكى مايمۇ كېمەيمىدى. 17 شۇ
ئىشلاردىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان بۇ
ئائىلىنىڭ ئوغلى كېسەل بولدى. ئۇنىڭ كېسىلى شۇنداق ئېغىرلىشىپ
كەتتىكى، ئۇنىڭدا نەپەس قالمىدى.
18 ئايال ئىلىياسقا: ــ ئى خۇدانىڭ ئادىمى، مېنىڭ سەن بىلەن نېمە
ئالاقەم بار ئىدى؟ سەن گۇناھىمنى يادقا كەلتۈرۈپ، ئوغلۇمنىڭ
جېنىغا زامىن بولۇشقا كەلدىڭمۇ؟ ــ دېدى.
19 ئۇ ئۇنىڭغا: ــ ئوغلۇڭنى قولۇمغا بەرگىن، دەپ ئۇنى ئۇنىڭ
قۇچىقىدىن ئېلىپ ئۆزى ئولتۇرغان بالىخانىغا ئېلىپ چىقىپ
ئۆز ئورنىغا قويۇپ، 20 پەرۋەردىگارغا پەرياد قىلىپ: ــ ئى خۇدايىم
پەرۋەردىگار، مەن مېھمان بولغان بۇ تۇل خوتۇننىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈش
بىلەن ئۇنىڭ بېشىغىمۇ بالا چۈشۈردۇڭمۇ؟ ــ دەپ نىدا قىلدى.
21 ئۇ بالىنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قېتىم ئۆزىنى چاپلاپ، پەرۋەردىگارغا
پەرياد قىلىپ: ــ ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، بۇ بالىنىڭ جېنى ئۆزىگە
يەنە يېنىپ كىرسۇن! ــ دەپ نىدا قىلدى.
22 پەرۋەردىگار ئىلىياسنىڭ پەريادىنى ئاڭلىدى؛ بالىنىڭ جېنى
ئۇنىڭغا يېنىپ كىرىشى بىلەن ئۇ تىرىلدى. 23 ئىلىياس بالىنى
بالىخانىدىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئۆيگە كىرىپ، ئانىسىغا تاپشۇرۇپ
بەردى. ئىلىياس: ــ مانا ئوغلۇڭ تىرىكتۇر، دېدى.
24 ئايال ئىلىياسقا: ــ مەن شۇ ئىش ئارقىلىق ئەمدى سېنىڭ خۇدانىڭ

21:17 **«بۇ بالىنىڭ جېنى ئۆزىگە يەنە يېنىپ كىرسۇن!»** ــ «بالىنىڭ جېنى»: ئىبرانىي تىلدا «جان» ۋە «نەپەس» بىر سۆزدۇر.

ئادىمى ئىكەنلىكىڭنى، ئاغزىڭدىن چىققان پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى
ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم، دېدى.

## ئىلياس پەيغەمبەر ئىسرائىلنى توۋا قىلىشقا چاقىردۇ

18 1 ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى قۇرغاقچىلىقنىڭ
ئۈچىنچى يىلىدا ئىلياسقا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ «سەن
بېرىپ ئۆزۈڭنى ئاھابنىڭ ئالدىدا ئايان قىلغىن، ۋە مەن يەر يۈزىگە
يامغۇر ياغدۇرىمەن».
2 شۇنىڭ بىلەن ئىلياس ئۆزىنى ئاھابنىڭ ئالدىدا ئايان قىلغىلى
چىقىپ كەتتى. ئاچارچىلىق بولسا سامارىيەدە قاتتىق ئىدى. 3 ئاھاب
ئوردىسىدىكى غوجىدار ئوبادىيانى چاقىردى (ئوبادىيا تولىمۇ
تەقۋادار كىشى بولۇپ پەرۋەردىگاردىن ئىنتايىن قورقاتتى. 4 يىزەبەل
پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىۋاتقاندا ئوبادىيا
يۈز پەيغەمبەرنى ئېلىپ ئەللىكتىن-ئەللىكتىن ئايرىم-ئايرىم
ئىككى غارغا يوشۇرۇپ، ئۇلارنى نان ۋە سۇ بىلەن باققانىدى). 5 ئاھاب
ئوبادىياغا: ــ زېمىننى كېزىپ ھەممە بۇلاق ۋە ھەممە جىلغىلارغا
بېرىپ باققىن؛ ئۇ يەرلەردە ئات-قېچىرلارنى تىرىك ساقلىغۇدەك ئوت-
چۆپ تېپىلارمىكىن؟ شۇنداق بولسا بىزنىڭ ئۇلاغلىرىمىزنىڭ بىر
قىسمىنى سويماي تۇرالارمىز، دېدى.
6 ئۇلار ھەربىرى جايلارغا بۆلۈنۈپ ماڭدى؛ ئاھاب ئۆز ئالدىغا ماڭدى،
ئوبادىيامۇ ئۆز ئالدىغا ماڭدى. 7 ئوبادىيا ئۆز يولىدا كېتىپ بارغاندا،
مانا، ئۇنىڭغا ئىلياس ئۇچرىدى. ئۇ ئۇنى تونۇپ يەرگە يىقىلىپ دۈم
يېتىپ: بۇ راست سەن، غوجام ئىلياسمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
8 ئۇ ئۇنىڭغا: ــ بۇ مەن. بېرىپ ئۆز غوجاڭغا: ــ ئىلياس قايتىپ
كەلدى! دەپ ئېيتقىن، دېدى.
9 ئۇ ئىلياسقا مۇنداق دېدى: ــ «سەن قانداقسىگە كەمىنەڭنى
ئۆلتۈرگىلى ئاھابنىڭ قولىغا تاپشۇرماقچى بولىسەن، مەن زادى نېمە

گۇناھ قىلدىم؟ 10 ئۆز خۇدايىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، غوجام ئادەم ئەۋەتىپ سېنى ئىزدىمىگەن ھېچ ئەل ۋە
مەملىكەت قالمىدى. شۇ ئەل، مەملىكەتلەر: «ئۇ بۇ يەردە يوق» دېسە،
پادىشاھ ئۇلارغا سېنى تاپالمىغانغا قەسەم ئىچكۈزدى. 11 لېكىن سەن
ماڭا ھازىر: ــ «بېرىپ غوجاڭغا: ــ ئىلىياس قايتىپ كەلدى! دېگىن» ــ
دەيسەن! 12 مەن قېشىڭدىن كەتكەندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ روھى
سېنى مەن بىلمىگەن يەرگە ئېلىپ بارىدۇ؛ شۇنداقتا مەن ئاھابقا خەۋەر
يەتكۈزۈپ، لېكىن ئۇ سېنى تاپالمىسا، مېنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە،
كەمىنەڭ ياشلىقىمدىن تارتىپ پەرۋەردىگاردىن قورقۇپ كەلگەنمەن. 13
يىزەبەل پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرگەندە مېنىڭ
قانداق قىلغىنىم، يەنى مەن پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن
يۈزنى ئەللىكتىن-ئەللىكتىن ئايرىم-ئايرىم ئىككى غارغا يوشۇرۇپ،
ئۇلارنى نان ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەپ باققانلىقىم سەن غوجامغا مەلۇم
قىلىنغان ئەمەسمۇ؟ 14 ئەمدى سەن ھازىر ماڭا: ــ «بېرىپ غوجاڭغا:
ــ مانا ئىلىياس كەلدى دېگىن»، ــ دېدىڭ. شۇنداق قىلسام ئۇ مېنى
ئۆلتۈرىدۇ!».
15 لېكىن ئىلىياس: ــ مەن خىزمىتىدە تۇرۇۋاتقان ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
مەن جەزمەن بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئايان بولىمەن، دېدى.
16 شۇنىڭ بىلەن ئوبادىيا ئاھابنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر بەردى.
ئاھاب ئىلىياس بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. 17 ئاھاب ئىلىياسنى كۆرگەندە
ئۇنىڭغا: ــ بۇ سەنمۇ، ئى ئىسرائىلغا بالا كەلتۈرگۈچى؟! ــ دېدى.
18 ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ ئىسرائىلغا بالا كەلتۈرگۈچى مەن ئەمەس، بەلكى
سەن بىلەن ئاتاڭنىڭ جەمەتىدىكىلەر! چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ

**15:18 «مەن خىزمىتىدە تۇرۇۋاتقان ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مەن ئۇنىڭ (خۇدانىڭ) ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىلىياس ئۆزىنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا دائىم غوجىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان خىزمەتكارغا ئوخشىتىدۇ.

**17:18** ئام. 10:7

ئەمرلىرىنى تاشلاپ بائال دېگەن بۇتلارغا تايىنىپ ئەگەشكەنسىلەر.
19 ئەمدى ئادەم ئەۋەتىپ كارمەل تېغىدا پۈتكۈل ئىسرائىلنى يىنىمغا
جەم قىل، شۇنداقلا يىزەبەلنىڭ داستىخىنىدىن غىزالىنىدىغان
بائالنىڭ تۆت يۈز ئەللىك پەيغەمبىرى بىلەن ئاشەراھنىڭ تۆت يۈز
پەيغەمبىرىنى يىغدۇر، ــ دېدى.
20 شۇنىڭ بىلەن ئاھاب ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسىگە ئادەملەرنى
ئەۋەتىپ، پەيغەمبەرلەرنى كارمەل تېغىغا يىغدۇردى.
21 ئىلياس بارلىق خەلققە يېقىن كېلىپ: ــ قاچانغىچە ئىككى پىكىر
ئارىسىدا ئارىسالدى تۇرىسىلەر؟ ئەگەر پەرۋەردىگار خۇدا بولسا،
ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار؛ بائال خۇدا بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، دېدى.
ئەمما خەلق ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، ئۈن-تىن چىقارمىدى.
22 ئىلياس خەلققە: ــ پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن پەقەت
مەن يالغۇز قالدىم. ئەمما بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرى تۆت يۈز ئەللىك
كىشىدۇر. 23 ئەمدى بىزگە ئىككى بۇقا بېرىلسۇن. ئۇلار ئۆزلىرىگە بىر
بۇقىنى تاللاپ، سويۇپ پارچىلاپ ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قويسۇن، ئەمما
ئوت ياقمىسۇن. مەنمۇ باشقا بىر بۇقىنى تەييار قىلىپ ئوت ياقماي
ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قويای. 24 سىلەر بولساڭلار، ئۆز ئىلاھلىرىڭلارنىڭ
نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلىڭلار. مەن بولسام، پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى
چاقىرىپ نىدا قىلىمەن. قايسى خۇدا ئوت بىلەن جاۋاب بەرسە، شۇ
خۇدا بولسۇن، دېدى. ھەممە خەلق: ــ بۇ ئوبدان گەپ، دەپ جاۋاب بەردى.
25 ئىلياس بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە: سىلەر كۆپ بولغاچ ئاۋۋال
ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بىر بۇقىنى تاللاپ تەييار قىلىڭلار؛ ئاندىن ھېچ ئوت
ياقماي ئۆز ئىلاھىڭلارنىڭ نامىنى قىچقىرىپ نىدا قىلىڭلار، دېدى.
26 ئۇلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇقىنى ئېلىپ ئۇنى
تەييار قىلدى. ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئۇلار بائالنىڭ نامىنى قىچقىرىپ:
ــ ئى بائال، بىزگە جاۋاب بەرگىن! دەپ نىدا قىلدى. لېكىن ھېچ ئاۋاز ياكى
ھېچ جاۋاب بولمىدى. ئۇلار راسلانغان قۇربانگاھ چۆرىسىدە توختىماي

21:18 يە. 15:24

سەكرەيتتى. 27 چۈش كىرگەندە ئىلىياس ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ: ــ
ئۈنلۈكرەك قىچقىرىڭلار؛ چۈنكى ئۇ بىر ئىلاھ ئەمەسمۇ؟ بەلكىم ئۇ
چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ كەتكەندۇ، ياكى ئىش بىلەن چىقىپ كەتكەندۇ،
ياكى بىر سەپەرگە چىقىپ كەتكەندۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇ ئۇخلاۋاتقان
بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى ئويغىتىشىڭلار كېرەك؟! ــ دېدى.
28 ئۇلار تېخىمۇ ئۈنلۈك چاقىرىپ ئۆز قائىدىسى بويىچە قانغا مىلىنىپ
كەتكۈچە ئۆزلىرىنى قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن تىلاتتى. 29 چۈشتىن كېيىن
ئۇلار «بېشارەت بېرىۋاتقان» ھالەتكە چۈشۈپ كەچلىك قۇربانلىق
ۋاقتىغىچە شۇ ھالەتتە تۇردى. لېكىن ھېچ ئاۋاز ئاڭلانمىدى، ياكى
جاۋاب بەرگۈچى ياكى ئىجابەت قىلغۇچى مەلۇم بولمىدى.
30 ئىلىياس ھەممە خەلققە: ــ يېنىمغا يېقىن كېلىڭلار، دېدى.
ھەممە خەلق ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەندىن كېيىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ
شۇ يەردىكى يىقىتىلغان قۇربانگاھىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى.
31 ئىلىياس ئون ئىككى تاشنى ئالدى. بۇ تاشلارنىڭ سانى
پەرۋەردىگارنىڭ «نامىڭ ئىسرائىل بولسۇن» دېگەن سۆزىنى
تاپشۇرۇۋالغان ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرىدىن چىققان قەبىلىلەرنىڭ
سانى بىلەن ئوخشاش ئىدى. 32 شۇ تاشلاردىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ
نامى بىلەن بىر قۇربانگاھنى ياسىدى. ئۇ قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىدە
ئىككى سېئاھ دان پاتقۇدەك ئازگال كولىدى. 33 ئاندىن ئۇ ئوتۇننى
راستلاپ، بۇقىنى پارچىلاپ ئوتۇننىڭ تۆپىسىگە قويدى.
34 ئۇ: ــ تۆت ئىدىشنى سۇغا توشقۇزۇپ ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق
ۋە ئوتۇننىڭ ئۈستىگە تۆكۈڭلار، ــ دېدى. ئاندىن: «يەنە بىر قېتىم
قىلىڭلار» ــ دېۋىدى، ئۇلار شۇنداق قىلدى. ئۇ يەنە: ــ ئۈچىنچى

29:18 **«چۈشتىن كېيىن ئۇلار «بېشارەت بېرىۋاتقان» ھالەتكە چۈشۈپ كەچلىك قۇربانلىق ۋاقتىغىچە شۇ ھالەتتە تۇردى»** ــ «بېشارەت بېرىۋاتقان» ئىبرانىي تىلدا «پەيغەمبەرچىلىق قىلىۋاتقان» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «كەچلىك قۇربانلىق» چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە بولاتتى.

**31:18** يار. 27:32؛ يە. 5:4، 20؛ 2پاد. 34:17

32:18 **«ئىككى سېئاھ»** ــ بىر سېئاھ بەلكىم 13.5 لىتر ئىدى، 2 سېئاھ 27 لىتر.

مەرتىۋە شۇنداق قىلىڭلار، دېدى. ئۇلار ئۈچىنچى مەرتىۋە شۇنداق
قىلغاندا [35] سۇ قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، كولانغان
ئازگالنىمۇ سۇ بىلەن تولدۇردى.
[36] كەچلىك قۇربانلىقنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئىلىياس پەيغەمبەر
قۇربانلىققا يېقىن كېلىپ مۇنداق دۇئا قىلدى: ــ ئەي پەرۋەردىگار،
ئىبراھىم بىلەن ئىسھاق ۋە ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، ئۆزۈڭنىڭ
ئىسرائىلدا خۇدا بولغىنىڭنى ئاشكارا قىلغايسەن، شۇنداقلا
مېنىڭ سېنىڭ قۇلۇڭ بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇيرۇقۇڭ بىلەن
قىلغانلىقىمنى بۈگۈن بىلدۈرگەيسەن. [37] ماڭا ئىجابەت قىلغايسەن،
ئەي پەرۋەردىگار، ئىجابەت قىلغايسەن؛ شۇنىڭ بىلەن بۇ خەلققە سەن
پەرۋەردىگارنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىڭنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى
توغرا يولغا ياندۇرغۇچى ئۆزۈڭ ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرگەيسەن، دېدى.
[38] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئوتى چۈشۈپ كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى،
ئوتۇننى، تاشلارنى ۋە توپىنى كۆيدۈرۈپ ئازگالدىكى سۇنىمۇ
يوقىتىۋەتتى.
[39] خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرۈپلا، ئۇلار دۈم يىقىلىپ: ــ
پەرۋەردىگار، ئۇ خۇدادۇر، پەرۋەردىگار، ئۇ خۇدادۇر، دېيىشتى.
[40] ئىلىياس خەلققە بۇيرۇپ: ــ بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى تۇتۇڭلار،
ھېچقايسىنى قويۇپ بەرمەڭلار، ــ دېدى. ئۇلار ئۇلارنى تۇتقاندا
ئىلىياس ئۇلارنى كىشون جىلغىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە
قەتل قىلدۇردى.
[41] ئىلىياس ئاھابقا بولسا: ــ چىقىپ يەپ-ئىچكىن. چۈنكى
قاتتىق يامغۇرنىڭ شالدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلانماقتا، ــ دېدى.
[42] ئاھاب قوپۇپ يەپ-ئىچىش ئۈچۈن چىقتى. ئەمما ئىلىياس
كارمەلنىڭ چوققىسىغا چىقىپ يەرگە ئېڭىشىپ، بېشىنى
تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ تىزلىنىپ [43] خىزمەتكارىغا: ــ
چىقىپ دېڭىز تەرەپكە قارىغىن، دېدى. ئۇ چىقىپ سەپسېلىپ

**36:18** مىس. 6:3؛ مات. 32:22؛ مار. 26:12؛ لۇقا 37:20؛ روس. 32:7

قاراپ: ــ ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ، دېدى. ئۇ جەمئىي يەتتە قېتىم: ــ بېرىپ قاراپ باققىن، دەپ بۇيرۇدى.

44 يەتتىنچى قېتىم كەلگەندە ئۇ: ــ مانا، دېڭىزدىن چىقىۋاتقان، ئادەم ئالقىنىدەك كىچىك بىر بۇلۇتنى كۆردۈم ــ دېدى. ئىلياس ئۇنىڭغا: ــ چىقىپ ئاھابقا: ــ «ھارۋىنى قېتىپ تۆۋەنگە چۈشكىن، بولمىسا يامغۇر سېنى توسۇۋالىدۇ»، دەپ ئېيتقىن، ــ دېدى.

45 ئاڭغىچە ئاسمان بۇلۇت بىلەن تۇتۇلۇپ، بوران چىقىپ قاتتىق بىر يامغۇر ياغدى. ئاھاب ھارۋىغا چىقىپ يىزرەئەلگە كەتتى. 46 پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئىلياسنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇرغاچ، ئۇ بېلىنى باغلاپ ئاھابنىڭ ئالدىدا يىزرەئەلنىڭ كىرىش ئېغىزىغىچە يۈگۈرۈپ ماڭدى.

## ئىلياس پەيغەمبەر يىزرەئەلدىن قاچىدۇ

19 1 لېكىن ئاھاب ئىلياسنىڭ ھەممە قىلغىنىنى، جۈملىدىن ھەممە پەيغەمبەرلەرنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرگىنىنى يىزەبەلگە ئېيتىپ بەردى.

2 يىزەبەل بولسا ئىلياسقا بىر خەۋەرچى ئەۋەتىپ: ــ ئەگەر ئەتە مۇشۇ ۋاقىتقىچە سەن شۇلارنىڭ جانلىرىغا قىلغىنىڭدەك مەن سېنىڭ جېنىڭنى ئوخشاش قىلمىسام، ئىلاھلار ماڭىمۇ شۇنداق قىلسۇن ھەمدە ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە قىلسۇن! ــ دەپ ئېيتقۇزدى.

3 ئۇ بۇنى بىلگەندە، ئۆز جېنىنى قۇتقۇزماق ئۈچۈن قېچىپ يەھۇدا تەۋەسىدىكى بەئەر-شېباغا باردى. ئۇ ئۇ يەردە ئۆز خىزمەتكارىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، 4 ئۆزى چۆلنىڭ ئىچىگە قاراپ بىر كۈن يول ماڭدى. ئۇ ئۇ يەردىكى بىر شىۋاقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە تىلەك تىلەپ: ــ ئى پەرۋەردىگار ئەمدى بولدى، جېنىمنى ئالغىن؛ چۈنكى مەن ئاتا-بوۋىلىرىمدىن ئارتۇق ئەمەسمەن، ــ دېدى.

5 ئۇ شۇ شىۋاق ئاستىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. مانا بىر پەرىشتە ئۇنى

نوقۇپ ئۇنىڭغا: ــ قوپۇپ، نان يېگىن، دېدى.
[6] ئۇ قارىسا بېشىدا قىزىق چوغلاردا پىشۋاتقان بىر پوشكال ۋە بىر
كوزا سۇ تۇراتتى. ئۇ يەپ-ئىچىپ يەنە ئۇخلىغىلى ياتتى. [7] ئاندىن
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يەنە كېلىپ ئىككىنچى قېتىم ئۇنى
نوقۇپ ئۇنىڭغا: ــ قوپۇپ نان يېگىن. بولمىسا يولۇڭنىڭ ئېغىرىنى
كۆتۈرەلمەيسەن، دېدى.
[8] ئۇ قوپۇپ يەپ-ئىچتى. شۇ تائامدىن ئالغان قۇۋۋەت بىلەن ئۇ قىرىق
كېچە-كۈندۈز مېڭىپ خۇدانىڭ تېغى ھورەبكە يېتىپ باردى. [9] ئۇ ئۇ
يەردىكى غارغا كىرىپ قوندى. ۋە مانا، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا
كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ ئى ئىلىياس، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟
[10] ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا
پەرۋەردىگار ئۈچۈن زور ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن ھەسەت قىلدىم.
چۈنكى ئىسرائىللار سېنىڭ ئەھدەڭنى تاشلاپ قۇربانگاھلىرىڭنى
يىقىتىپ، سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى. مەن،
يالغۇز مەنلا قالدىم ۋە ئۇلار مېنىڭ جېنىمنى ئالغىلى قەستلەۋاتىدۇ،
دېدى.
[11] ئۇ ئۇنىڭغا: ــ چىقىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تاغدا تۇرغىن، دېدى.

---

8:19 **«خۇدانىڭ تېغى ھورەب»** ــ «ھورەب تېغى» دەل پاران چۆل-باياۋانىغا جايلاشقان، مۇسا پەيغەمبەر تۇرۇپ ئىسرائىل ئۈچۈن «تەۋرات قانۇنى»نى قوبۇل قىلغان «سىناي تېغى»دۇر.

**8:19** مىس. 28:34؛ مات. 2:4

9:19 **«ئۇ ئۇ يەردىكى غارغا كىرىپ قوندى»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئۇ **ئاشۇ** غارغا كىرىپ قوندى» دېيىلىدۇ. «ئاشۇ غار» دېگەن سۆزگە قارىغاندا ئويلايمىزكى، بۇ غار تونۇش بىر جاي بولسا كېرەك. يەھۇدىي ئۆلىمالار بۇ غارنى خۇدا مۇسا پەيغەمبەرنى يوشۇرۇپ قويغان جاي ئىدى دەپ قارايتتى، بىز بۇ پىكىرگە قايىلمىز («مىس.» 33:21-22نى كۆرۈڭ).

10:19 **«پەرۋەردىگار ئۈچۈن زور ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن ھەسەت قىلدىم»** ــ دېمىسەكمۇ، ئىلىياسنىڭ: «ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن ھەسەت قىلدىم» دېگىنى ئۆزىنىڭ ئىسرائىلنىڭ خۇداغا ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك يىرگىنچلىك بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىغا قاراپ «ئىبادەت پەقەت خۇداغىلا مەنسۇپ بولۇش كېرەك» دەپ بۇتلارغا ياكى بۇتلارنىڭ كەينىدە تۇرۇۋاتقان جىن-شەيتانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىلى بولغان ساختا پەيغەمبەرلەرگە بولغان ھەستىنى كۆرسىتىدۇ.

**10:19** رىم. 3:11

مانا، پەرۋەردىگار ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا زور كۈچلۈك
بىر شامال چىقىپ، تاغلارنى سۇندۇرۇپ، قورام تاشلارنى پارچىلاپ
چېقىۋەتتى. لېكىن پەرۋەردىگار شامالدا ئەمەس ئىدى. شامالدىن
كېيىن بىر يەر تەۋرەش بولدى. لېكىن پەرۋەردىگار يەر تەۋرەشتە ئەمەس
ئىدى. 12 يەر تەۋرەشتىن كېيىن بىر لاۋۇلدىغان ئوت كۆتۈرۈلدى. لېكىن
پەرۋەردىگار ئوتتا ئەمەس ئىدى. ئوتتىن كېيىن بوشقىنا، مۇلايىم بىر
ئاۋاز ئاڭلاندى.
13 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئىلىياس شۇنى ئاڭلاپ، يۈزىنى يېپىنچىسى
بىلەن ئوراپ غارنىڭ ئاغزىغا بېرىپ تۇردى. مانا، بىر ئاۋاز چىقىپ
ئۇنىڭغا: ــ ئى ئىلىياس، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ــ دېدى.
14 ئۇ جاۋاب بېرىپ: ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا
پەرۋەردىگار ئۈچۈن زور ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن ھەسەت قىلدىم.
چۈنكى ئىسرائىللار سېنىڭ ئەھدەڭنى تاشلاپ قۇربانگاھلىرىڭنى
يىقىتىپ، سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى. مەن
يالغۇز مەنلا قالدىم ۋە ئۇلار مېنىڭ جېنىمنى ئالغىلى قەستلەۋاتىدۇ،
دېدى.
15 پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ــ «بارغىن، كەلگەن يولۇڭ
بىلەن قايتىپ، ئاندىن دەمەشقنىڭ چۆلىگە بارغىن. ئۇ يەرگە بارغاندا
ھازائەلنى سۇرىيە ئۈستىگە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلغىن. 16 ئاندىن
نىمشىنىڭ ئوغلى يەھۇنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇشقا
مەسىھ قىلغىن؛ ئۆز ئورنۇڭغا پەيغەمبەر بولۇشقا ئابەل-مەھولاھلىق
شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانىمۇ مەسىھ قىلغىن. 17 ۋە شۇنداق بولىدۇكى،
ھازائەلنىڭ قىلىچىدىن قېچىپ قۇتۇلغان ھەربىرىنى يەھۇ ئۆلتۈرىدۇ؛
يەھۇنىڭ قىلىچىدىن قېچىپ قۇتۇلغان ھەربىرىنى ئېلىشا ئۆلتۈرىدۇ.

---

12:19 **«بوشقىنا، مۇلايىم بىر ئاۋاز ئاڭلاندى»** ــ ياكى «يېنىك، بوش بىر تىنىش ئاۋاز ئاڭلاندى».

15:19 **«ھازائەلنى سۇرىيە ئۈستىگە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلغىن»** ــ «مەسىھ قىلىش» توغرىسىدا 1:34دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

18 لېكىن ئىسرائىلدا يەتتە مىڭ كىشىنى، يەنى بائالنىڭ ئالدىدا
تىزلىرىنى پۈكمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئاغزىنى سۆيگۈزمىگەن ھەربىرىنى
ئۆزۈمگە ساقلاپ قالدۇردۇم».
19 ئۇ ئۇ يەردىن چىقىپ، شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانى تاپتى. ئۇ چاغدا
ئۇ يەر ھەيدەۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا ئون ئىككى جۈپ ئۆي بار ئىدى،
ئۇ ئون ئىككىنچىسى بىلەن قوش ھەيدەۋاتاتتى. ئىلياس كېلىپ
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز يېپىنچىسىنى تاشلاپ ئارتىپ قويدى. 20 ئۇ
ئۆيلارنى تاشلاپ ئىلياسنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ: ــ مېنى
بېرىپ ئاتام بىلەن ئانامنى سۆيگىلى قويغىن، ئاندىن مەن كېلىپ
ساڭا ئەگىشەي، ــ دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا: ــ قايتقىن؛ مەن ساڭا نېمە
قىلدىم؟ ــ دېدى.
21 ئۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئۆزى ئىشلەتكەن بىر جۈپ ئۆينى سويۇپ،
ئۆلارنىڭ جابدۇقىنى ئوتۇن قىلىپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ خەلققە
بېرىۋىدى، ئۇلار يېدى. ئاندىن ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئىلياسنىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

---

**17:19** 2پاد. 9:14-37

18:19 **«ئۇنىڭغا ئاغزىنى سۆيگۈزمىگەن ھەربىرىنى ئۆزۈمگە ساقلاپ قالدۇردۇم»** ــ خۇدانىڭ ئىلياس پەيغەمبەرگە ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ئەھمىيىتى، شۇنداقلا ئىلياسنىڭ ھورەب تېغىغا سەپىرىنىڭ مەقسىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**18:19** رىم. 4:11

19:19 **« ئىلياس... شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانى تاپتى... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز يېپىنچىسىنى تاشلاپ ئارتىپ قويدى»** ــ ئىلياس مۇشۇ ھەرىكىتى بىلەن «سەن ئېلىشاغا پەيغەمبەرلىك خىزمىتىم تاپشۇرۇلدى» دېگەندەك ئىدى.

20:19 **«قايتقىن؛ مەن ساڭا نېمە قىلدىم؟»** ــ ئىلياسنىڭ بۇ دېگىنى بەلكىم ئېلىشاغا: «پەيغەمبەرلىك يولى تەس، سېنىڭدە خۇدانىڭ چاقىرىقى بولمىسا ماڭا ھەرگىز ئەگەشمە!» دېگەندەك بىر ئاگاھ بولۇشى مۇمكىن. «پادىشاھلار (2)» 2-بابتا ئىلياس ئېلىشاغا يەنە بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزنى قىلىدۇ.

## خۇدا ئىسرائىلنى سۇرىيەدىن قۇتقۇزىدۇ

20 1 سۇرىيەنىڭ پادىشاھى بەن-ھاداد پۈتكۈل قوشۇنىنى جەم
قىلدى؛ ئۇ ئوتتۇز ئىككى پادىشاھنى ئات ۋە جەڭ ھارۋىلىرى
بىلەن ئېلىپ چىقىپ، سامارىيەگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 2 ئۇ
ئەلچىلەرنى شەھەرگە كىرگۈزۈپ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاھابنىڭ
قېشىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: ــ 3 «بەن-ھاداد مۇنداق دەيدۇ: ــ سېنىڭ
كۈمۈش بىلەن ئالتۇنۇڭ، سېنىڭ ئەڭ چىرايلىق خوتۇنلىرىڭ بىلەن
بالىلىرىڭمۇ مېنىڭكىدۇر» دەپ يەتكۈزدى.
4 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭغا: ــ ئى غوجام پادىشاھ، سىلى
ئېيتقانلىرىدەك مەن ئۆزۈم ۋە بارلىقىم سىلىنىڭكىدۇر، دەپ جاۋاب
بەردى.
5 ئەلچىلەر يەنە كېلىپ: ــ «بەن-ھاداد سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ــ ساڭا
دەرۋەقە: ــ سېنىڭ كۈمۈش بىلەن ئالتۇنۇڭنى، سېنىڭ خوتۇنلىرىڭ
بىلەن بالىلىرىڭنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىسەن، دېگەن خەۋەرنى
ئەۋەتتىم. 6 لېكىن ئەتە مۇشۇ ۋاقىتلاردا خىزمەتكارلىرىمنى يېنىڭغا
ئەۋەتىمەن؛ ئۇلار ئوردىڭ بىلەن خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئۆيلىرىنى
ئاختۇرۇپ، سېنىڭ كۆزلىرىڭدە نېمە ئەزىز بولسا، ئۇلار شۇنى قولىغا
ئېلىپ كېلىدۇ» ــ دېدى.
7 ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى زېمىندىكى ھەممە ئاقساقاللارنى
چاقىرىپ ئۇلارغا: ــ بۇ كىشىنىڭ قانداق ئاۋارىچىلىك چىقارماقچى
بولغانلىقىنى بىلىپ قېلىڭلار. ئۇ ماڭا خەۋەر ئەۋەتىپ مەندىن
خوتۇنلىرىم بىلەن بالىلىرىم، كۈمۈش بىلەن ئالتۇنلىرىمنى تەلەپ
قىلغىنىدا مەن ئۇنىڭغا ياق دېمىدىم، دېدى.
8 بارلىق ئاقساقاللار بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا: ــ قۇلاق
سالمىغىن، ئۇنىڭغا ماقۇل دېمىگىن، دېدى.
9 بۇنىڭ بىلەن ئۇ بەن-ھادادنىڭ ئەلچىلىرىگە: ــ غوجام پادىشاھقا،
سىلى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆز كەمىنىلىرىدىن دەسلەپتە سورىغاننىڭ
ھەممىسىنى ئادا قىلىمەن؛ لېكىن كېيىنكىسىگە ماقۇل

دېيەلمەيمەن، دەپ بېرىڭلار، ــ دېدى. ئەلچىلەر يېنىپ بېرىپ شۇ سۆزنى يەتكۈزدى.
10 بەن-ھاداد ئۇنىڭغا يەنە خەۋەر ئەۋەتىپ: ــ «پۇتكۇل سامارىيە شەھىرىدە ماڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ قوللىرىغا ئوچۇملىغۇدەك توپا قېلىپ قالسا، ئىلاھلار ماڭا شۇنداق قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قىلسۇن!» ــ دېدى.
11 لېكىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى جاۋاب بېرىپ: ــ «ساۋۇت-قورالLلار بىلەن جابدۇنغۇچى ساۋۇت-قورالLاردىن يېشىنگۈچىدەك ماختىنىپ كەتمىسۇن!» دەپ ئېيتىڭلار، ــ دېدى.
12 بەن-ھاداد بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا ھەرقايسى پادىشاھلار بىلەن چېدىرلىرىدا شاراب ئىچىشىۋاتاتتى. ئۇ خىزمەتكارلىرىغا: ــ سەپكە تىزىلىڭلار، دېدى. شۇنى دېيىشى بىلەنلا ئۇلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تىزىلىشتى.

## پەرۋەردىگار ئىسرائىلنى قۇتقۇزىدۇ

13 ئۇ ۋاقىتتا بىر پەيغەمبەر ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاھابنىڭ قېشىغا كېلىپ: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «بۇ زور بىر توپ ئادەمنى كۆردۇڭمۇ؟ مانا، مەن بۈگۈنى ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سەن مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن»، دېدى.
14 ئاھاب: ــ كىمنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ۋالىيلارنىڭ غۇلاملىرى بىلەن بولىدۇ»، دېدى. ئۇ يەنە: ــ كىم ھۇجۇمنى باشلايدۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ: ــ سەن ئۆزۈڭ، دېدى.
15 ئۇ ۋاقىتتا ۋالىيلارنىڭ غۇلاملىرىنى سانىۋىدى، ئۇلارنىڭ سانى ئىككى يۈز ئوتتۇز ئىككى نەپەر چىقتى. ئاندىن كېيىن ئۇ ھەممە

---

11:20 **«ساۋۇت-قورالLلار بىلەن جابدۇنغۇچى ساۋۇت-قورالLاردىن يېشىنگۈچىدەك ماختىنىپ كەتمىسۇن!»** ــ دېگەن ماقال-تەمسىلنىڭ مەنىسى بەلكىم «جەڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزۈڭنى غەلىبىچى سانىما» ــ «چۈچۈرىنى خام سانىما» دېگەندەك.

خەلقنى، يەنى بارلىق ئىسرائىللارنى سانىۋىدى، ئۇلارنىڭ سانى
يەتتە مىڭ نەپەر چىقتى. [16] ئىسرائىللار شەھەردىن چۈش ۋاقتىدا
چىقتى. بەن-ھاداد بىلەن شۇ پادىشاھلار، يەنى ياردەمگە كەلگەن
ئوتتۇز ئىككى پادىشاھ بولسا چېدىرلىرىدا شاراب ئىچىپ مەست
بولۇشقانىدى. [17] ۋالىيلارنىڭ غۇلاملىرى يۈرۈشتە ئاۋۋال ماڭدى. بەن-
ھاداد ئادەم ئەۋەتىۋىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپ: ــ «سامارىيەدىن
ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ» ــ دېدى.
[18] ئۇ: ــ ئەگەر سۈلھى تۈزۈشكە چىققان بولسا ئۇلارنى تىرىك تۇتۇڭلار،
ئەگەر سوقۇشقىلى چىققان بولسىمۇ ئۇلارنى تىرىك تۇتۇڭلار، دېدى.
[19] ئەمدى ۋالىيلارنىڭ بۇ غۇلاملىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىكى قوشۇن
شەھەردىن چىقىپ، [20] ھەربىرى ئۆزىگە ئۇچرىغان ئادەمنى چېپىپ
ئۆلتۈردى. سۈرىيەلەر قاچتى؛ ئىسرائىل ئۇلارنى قوغلىدى. سۈرىيەنىڭ
پادىشاھى بەن-ھاداد بولسا ئاتقا مىنىپ ئاتلىقلار بىلەن قېچىپ
قۇتۇلدى. [21] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى چىقىپ ھەم ئاتلىقلارنى ھەم جەڭ
ھارۋىلىرىنى بىتچىت قىلىپ سۈرىيەلەرنى قاتتىق قىر-چاپ قىلدى.
[22] پەيغەمبەر يەنە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا كېلىپ
ئۇنىڭغا: ــ ئۆزۈڭنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزۈڭنى ئوبدان دەڭسەپ، نېمە
قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى ئويلاپ باققىن. چۈنكى كېلەر يىلى ئەتىيازدا
سۈرىيەنىڭ پادىشاھى سەن بىلەن جەڭ قىلغىلى يەنە چىقىدۇ، دېدى.
[23] سۈرىيەنىڭ پادىشاھىنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
ــ «ئۇلارنىڭ ئىلاھى تاغ ئىلاھى بولغاچقا، ئۇلار بىزگە كۈچلۈك كەلدى.
لېكىن بىز تۈزلەڭلىكتە ئۇلار بىلەن سوقۇشساق، جەزمەن ئۇلارغا
كۈچلۈك كېلىمىز. [24] ئەمدى شۇنداق قىلغايلىكى، پادىشاھلارنىڭ
ھەربىرىنى ئۆز مەنسىپىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ۋالىيلارنى
تىكلىگەيلا. [25] ئاندىن سىلى مەھرۇم بولغان قوشۇنلىرىغا باراۋەر
بولغان يەنە بىر قوشۇننى، يەنى ئاتنىڭ ئورنىغا ئات، ھارۋىنىڭ ئورنىغا
ھارۋا تەييار قىلدۇرۇپ ئۆزلىرىگە يىغقايلا؛ بىز تۈزلەڭلىكتە ئۇلار
بىلەن سوقۇشايلى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا كۈچلۈك كەلمەمدۇق؟». ئۇ

ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ شۇنداق قىلدى.
26 كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا بەن-ھاداد سۇرىيەلىكلەرنى ئېلىپ، ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى ئافەك شەھىرىگە چىقتى. 27 ئىسرائىللارمۇ ئۆزلىرىنى ئېلىپ، ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا چىقتى. ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا بارگاھ تىكلىۋىدى، سۇرىيەلىكلەرنىڭ ئالدىدا خۇددى ئىككى توپ كىچىك ئوغلاق پادىسىدەك كۆرۈندى. لېكىن سۇرىيەلەر پۈتكۈل زېمىننى قاپلىغانىدى.
28 ئەمما خۇدانىڭ ئادىمى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «سۇرىيەلەر: پەرۋەردىگار تاغ ئىلاھىدۇر، جىلغىلارنىڭ ئىلاھى ئەمەس، دەپ ئېيتقىنى ئۈچۈن، مەن بۇ زور بىر توپ ئادەمنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىلەر»، دېدى.
29 ئىككى تەرەپ يەتتە كۈن بىر-بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا بارگاھلىرىدا تۇردى. يەتتىنچى كۈنى سوقۇش باشلاندى. ئىسرائىللار بىر كۈندە سۇرىيەلەردىن يۈز مىڭ پىيادە ئەسكەرنى ئۆلتۈردى. 30 قالغانلار ئافەك شەھىرىگە قېچىپ كىرىۋالدى؛ لېكىن سېپىلى ئۆرۈلۈپ ئۇلاردىن يىگىرمە يەتتە مىڭ ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ بېسىپ ئۆلتۈردى. بەن-ھاداد ئۆزى بەدەر قېچىپ شەھەرگە كىرىپ ئىچكىرىدىكى بىر ئۆيگە مۆكۈۋالدى.
31 خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا: ــ مانا بىز ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىنى رەھىملىك پادىشاھلار دەپ ئاڭلىدۇق؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بەللىرىمىزگە بۆز باغلاپ باشلىرىمىزغا كۆلا يۆگەپ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا تەسلىمگە چىقايلى. ئۇ سىلىنىڭ جانلىرىنى ئايارمىكىن؟ ــ دېدى.
32 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەللىرىگە بۆز باغلاپ باشلىرىغا كۆلا يۆگەپ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ــ كەمىنىلىرى بەن-ھاداد: «جېنىمنى ئايىغايلا»، دەپ ئىلتىجا قىلدى، دېدى. ئۇ بولسا: ــ ئۇ تېخى ھاياتمۇ؟ ئۇ مېنىڭ بۇرادىرىم، دېدى.

33 بۇ ئادەملەر بۇ سۆزنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، دەپ ئويلاپ،
دەرھاللا ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ: ــ بەن-ھاداد سىلىنىڭ
بۇرادەرلىرىدۇر! ــ دېدى. ئۇ: ــ ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى.
شۇنىڭ بىلەن بەن-ھاداد ئۇنىڭ قېشىغا چىقتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئۇنى قولىدىن تارتىپ جەڭ ھارۋىسىغا چىقاردى.
34 بەن-ھاداد ئۇنىڭغا: ــ مېنىڭ ئاتام سىلىنىڭ ئاتىلىرىدىن ئالغان
شەھەرلەرنى سىلىگە قايتۇرۇپ بېرەي. ئاتام سامارىيەدە رەستە-
بازارلىرىنى تىكلىگەندەك سىلى ئۆزلىرى ئۈچۈن دەمەشقتە رەستە-
بازارلارنى تىكلەيلا، ــ دېدى. ئاھاب: ــ بۇ شەرت بىلەن سېنى قويۇپ
بېرەي، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئەھدە قىلىشتى ۋە ئۇ ئۇنى
قويۇپ بەردى.
35 پەيغەمبەرلەرنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى
بىلەن يەنە بىرىگە: ــ سەندىن ئۆتۈنىمەن، مېنى ئۇرغىن، دېدى.
لېكىن ئۇ ئادەم ئۇنى ئۇرغىلى ئۇنىمىدى. 36 شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭغا:
ــ سەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىنىڭ ئۈچۈن مانا بۇ يەردىن
كەتكىنىڭدە بىر شىر سېنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ، ــ دېدى. ئۇ ئۇنىڭ
يېنىدىن چىققاندا، ئۇنىڭغا بىر شىر ئۇچراپ ئۇنى ئۆلتۈردى.
37 ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە بىر ئادەمنى تېپىپ ئۇنىڭغا: ــ سەندىن
ئۆتۈنىمەن، مېنى ئۇرغىن، دېدى. ئۇ ئادەم ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ
زەخىملەندۈردى. 38 ئاندىن پەيغەمبەر بېرىپ ئۆز قىياپىتىنى
ئۆزگەرتىپ، كۆزلىرىنى تېڭىق بىلەن تېڭىپ يول بويىدا پادىشاھنى
كۈتۈپ تۇردى.
39 پادىشاھ شۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۇ پادىشاھنى چاقىرىپ: ــ
كەمىنىلىرى كەسكىن جەڭ مەيدانىغا چىققانىدىم، ۋە مانا،
بىر ئادەم ماڭا بۇرۇلۇپ، بىر كىشىنى تاپشۇرۇپ: «بۇ كىشىگە
چىڭ قارىغىن، ھەرقانداق سەۋەبتىن ئۇ يوقاپ كەتسە، سەن ئۆز

35:20 **«پەيغەمبەرلەرنىڭ شاگىرتلىرى»** ــ بۇ ئىبارە سۆز ئىبرانىي تىلدا «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوغۇللىرى» دېگەنلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

جېنىڭنى ئۇنىڭ جېنىنىڭ ئورنىغا تۆلەيسەن؛ بولمىسا بىر
تالانت كۈمۈش تۆلەيسەن»، دېدى. 40 لېكىن مەن كەمىنىلىرى ئۇ-
بۇ ئىش بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، ئۇنى يوقىتىپ قويدۇم، دېدى.
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭغا: — ئۆزۈڭ بېكىتكىنىڭدەك
ساڭا ھۆكۈم قىلىنىدۇ! — دېدى.
41 ئۇ دەرھال كۆزلىرىدىن تېڭىقنى ئېلىۋەتتى؛ ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھى ئۇنى تونۇپ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى
كۆردى. 42 پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: — پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — «مەن
ھالاكەتكە بېكىتكەن ئادەمنى قولۇڭدىن قۇتۇلغىلى قويغىنىڭ
ئۈچۈن سېنىڭ جېنىڭ ئۇنىڭ جېنىنىڭ ئورنىدا ئېلىنىدۇ؛ سېنىڭ
خەلقىڭ ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئورنىدا ئېلىنىدۇ»، دېدى.
43 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى خاپا بولۇپ، غەشلىككە
چۆمگەن ھالدا سامارىيەگە قايتىپ ئوردىسىغا كىردى.

## ئاھاب قاتىللىق قىلىپ نابوتنى ئۆلتۈرىدۇ

21 1 بۇ ئىشلاردىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، يىزرەئەللىك
نابوتنىڭ يىزرەئەلدە، سامارىيەنىڭ پادىشاھى ئاھابنىڭ
ئوردىسىنىڭ يېنىدا بىر ئۈزۈمزارلىقى بار ئىدى. 2 ئاھاب نابوتقا سۆز
قىلىپ: — ئۆز ئۈزۈمزارلىقىڭنى ماڭا بەرگىن، مېنىڭ ئۆيۈمگە يېقىن
بولغاچ، ئۇنى بىر سەي-كۆكتاتلىق باغ قىلاي. ئۇنىڭ ئورنىدا ساڭا
ئۇبدانراق بىر ئۈزۈمزارلىق بېرەي ياكى لايىق كۆرسەڭ باھاسىنى نەق
بېرىمەن، دېدى.
3 ئەمما نابوت ئاھابقا: — پەرۋەردىگار مېنى ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ
مىراسىنى ساڭا سېتىشنى مەندىن نېرى قىلسۇن، دېدى.
4 ئاھاب يىزرەئەللىك نابوتنىڭ: «ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ مىراسىنى ساڭا
بەرمەيمەن» دەپ ئېيتقان سۆزىدىن خاپا بولۇپ غەشلىككە چۆمگەن

**42:20** 1پاد. 37:22، 38

ھالدا ئوردىسىغا قايتتى؛ ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ نانمۇ يېمىدى. [5] خوتۇنى يىزەبەل ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: روھىي كەيپىياتىڭ نېمىشقا شۇنچە تۆۋەن، نېمىشقا نان يېمەيسەن؟ ــ دېدى.
[6] ئۇ ئۇنىڭغا: ــ مەن يىزرەئەللىك نابوتقا سۆز قىلىپ: «ئۈزۈمزارلىقىڭنى ماڭا پۇلغا بەرسەڭ، ياكى لايىق كۆرسەڭ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئۈزۈمزارلىق بېرەي» دېدىم. لېكىن ئۇ: «ساڭا ئۈزۈمزارلىقىمنى بەرمەيمەن» دېدى، ــ دېدى.
[7] خوتۇنى يىزەبەل ئۇنىڭغا: ــ سەن ھازىر ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە سەلتەنەت قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟ قوپۇپ نان يەپ، كۆڭلۈڭنى خۇش قىلغىن؛ مەن ساڭا يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئۈزۈمزارلىقىنى ئېرىشتۈرىمەن، دېدى.
[8] ئاندىن ئۇ ئاھابنىڭ نامىدا بىر خەت يېزىپ، ئۈستىگە ئۇنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ، خەتنى نابوتنىڭ شەھىرىدە ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋاتقان ئاقساقاللار ۋە مۆتىۋەرلەرگە ئەۋەتتى. [9] خەتتە ئۇ مۇنداق يازغانىدى: ــ «روزا تۇتۇش كېرەك دەپ بۇيرۇپ، خەلقنىڭ ئارىسىدا نابوتنى تۆردە ئولتۇرغۇزغىن؛ [10] ئىككى ئادەمنى، يەنى بېلىيالنىڭ بالىسىنى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى نابوتنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇزۇپ: «سەن خۇداغا ۋە پادىشاھقا لەنەت ئوقۇدۇڭ» دەپ گۇۋاھلىق بەرگۈزۈڭلار. ئاندىن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار».
[11] شەھەرنىڭ ئادەملىرى، يەنى ئۇنىڭ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان ئاقساقاللار بىلەن مۆتىۋەرلەر يىزەبەلنىڭ ئۇلارغا ئەۋەتكەن خېتىدە پۈتۈلگەندەك قىلدى؛ [12] ئۇلار روزىنى بۇيرۇپ، خەلقنىڭ ئارىسىدا نابوتنى تۆردە ئولتۇرغۇزدى. [13] ئاندىن ئۇ ئىككى ئادەم، يەنى بېلىيالنىڭ بالىلىرى خەلقنىڭ ئالدىدا نابوت ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ: «نابوت خۇداغا ۋە پادىشاھقا دەشنەم قىلدى» دەپ گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نابوتنى شەھەرنىڭ تاشقىرىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، تاشلار

10:21 **«بېلىيالنىڭ بالىسى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بېلىئال» ئىبلىسنىڭ (يەنى شەيتاننىڭ) يەنە بىر ئىسمى. دېمەك، بۇ سۆز تولىمۇ ئېپلاس ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

بىلەن چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى. 14 ئاندىن ئۇلار يىزەبەلگە ئادەم
ئەۋەتىپ: «نابوت چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى» دەپ خەۋەر بەردى.
15 يىزەبەل نابوتنىڭ چالما-كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى
ئاڭلىغاندا ئاھابقا: قوپۇپ، يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ساڭا پۇلغا
بەرگىلى ئۇنىمىغان ئۈزۈمزارلىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغىن؛ چۈنكى نابوت
ھايات ئەمەس، بەلكى ئۆلدى، دېدى.
16 شۇنداق بولدىكى، ئاھاب نابوتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ،
يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئۈزۈمزارلىقىنى ئىگىلەش ئۈچۈن شۇ يەرگە
باردى. 17 لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى تىشبىلىق ئىلىياسقا كېلىپ
مۇنداق دېگەندە: — 18 قوپۇپ بېرىپ، سامارىيەدە ئولتۇرۇشلۇق
ئىسرائىل پادىشاھى ئاھاب بىلەن ئۇچراشقىن؛ مانا ئۇ نابوتنىڭ
ئۈزۈمزارلىقىدا تۇرىدۇ؛ چۈنكى ئۇنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە
باردى. 19 ئۇنىڭغا: — «ئادەم ئۆلتۈردۈڭمۇ، يېرىنى ئىگىلىۋالدىڭمۇ؟»
— دېگىن. ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە سۆز قىلىپ: — پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: — «نابوتنىڭ قېنىنى ئىتلار يالىغان جايدا سېنىڭ قېنىڭنىمۇ
ئىتلار يالايدۇ» — دېگىن».
20 ئاھاب ئىلىياسقا: — ئى دۈشمىنىم، مېنى تاپتىڭمۇ؟ — دېدى.
ئۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى: — راست، مەن سېنى تاپتىم؛ چۈنكى
سەن پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىللىك قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى
سېتىۋەتتىڭ. 21 پەرۋەردىگار: «مانا، مەن ئۈستۈڭگە بالا چۈشۈرۈپ
نەسلىڭنى يوقىتىپ، سەن ئاھابنىڭ ئىسرائىلدا قالغان جەمەتىدىكى
ھەممە ئەركەكنى، ھەتتا ئاجىز ياكى مېيىپ بولسۇن، ھەممىسىنى
ئۈزۈپ يوقىتىمەن؛ 22 ۋە سەن مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغاپ ئىسرائىلنى

21:21 **«مەن ... نەسلىڭنى يوقىتىپ،...»** — ياكى «مەن نەسلىڭنى...كۆيدۈرۈۋېتىپ،...». **«ئاھابنىڭ ئىسرائىلدا قالغان جەمەتىدىكى ھەممە ئەركەك»** — ئىبرانىي تىلدا: «ئاھابنىڭ ئىسرائىلدا قالغان جەمەتىدە، تامغا قاراپ سىيىدىغان ھەربىرى» دېگەنلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ھەتتا ئاجىز ياكى مېيىپ بولسۇن، ھەممىسىنى...»** — بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ياكى قۇل ياكى ھۆر بولسۇن، ھەممىسىنى...».

**21:21** 2پاد. 9:7، 8، 9

گۇناھقا ئازدۇرغىنىنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ جەمەتىڭنى نىباتنىڭ ئوغلى
يەروبوئامنىڭ جەمەتى ۋە ئاخىياھنىڭ ئوغلى بائاشانىڭ جەمەتىگە
ئوخشاش قىلىمەن» ــ دەيدۇ، ــ دېدى.
23 ــ يىزەبەل توغرىسىدىمۇ پەرۋەردىگار سۆز قىلىپ: «يىزرەئەلنىڭ
سېپىلىنىڭ تېشىدا ئىتلار يىزەبەلنى يەيدۇ. 24 ئاھابنىڭ
جەمەتىدىكىلەردىن شەھەردە ئۆلگەنلەرنى ئىتلار يەيدۇ؛ سەھرادا
ئۆلگەنلەرنى بولسا ئاسماندىكى قۇشلار يەيدۇ» دېدى 25 (بەرھەق،
خوتۇنى يىزەبەلنىڭ قۇترىتىشلىرى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە
رەزىللىك قىلغىلى ئۆزىنى ساتقان ئاھابدەك ھېچكىم يوق ئىدى.
26 ئۇ پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ قوغلىۋەتكەن
ئامورىيلارنىڭ قىلغىنىدەك قىلىپ، يىرگىنچلىك بۇتلارغا تايىنىپ
ئەگىشىپ، لەنەتلىك ئىشلارنى قىلاتتى).
27 لېكىن ئاھاب بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۆز كىيىملىرىنى يىرتىپ
بەدىنىگە بۆز يۆگەپ، روزا تۇتتى. ئۇ بۆز رەختتە ياتاتتى، جىمجىت
ماڭاتتى.
28 ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى تىشبىلىق ئىلىياسقا كېلىپ
مۇنداق دېگەندە: ــ
29 «ئاھابنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى قانداق تۆۋەن تۇتۇۋاتقانلىقىنى
كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ئۆزىنى مېنىڭ ئالدىمدا تۆۋەن تۇتۇۋاتقانلىقى
تۈپەيلىدىن، بۇ بالانى ئۇنىڭ كۈنلىرىدە كەلتۈرمەيمەن، بەلكى ئۇنىڭ
ئوغلىنىڭ كۈنلىرىدە ئۇنىڭ جەمەتىگە كەلتۈرىمەن».

---

**22:21** 1پاد. 29:15؛ 3:16، 11

**23:21** 2پاد. 9:35-37

**25:21** 1پاد. 33:16

## ئاھاب جەڭدە ئۆلىدۇ

2تار. 18:2-34

22 [1] ئۈچ يىلغىچە سۇرىيە بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا
جەڭ بولمىغاچقا، ئۇلار تىنچلىقتا ئۆتتى. [2] ئۈچىنچى يىلىدا
بولسا يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنى
يوقلاپ باردى. [3] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆز خىزمەتكارلىرىغا:
— گىلېئادتىكى راموت بىزنىڭكى ئىكەنلىكىنى بىلمەسلەرغۇ؟
شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا بىز جىم ئولتۇرۇپ، تېخىچە سۇرىيەنىڭ
پادىشاھىنىڭ قولىدىن ئۇنى ئالمايمىز؟ — دېدى.
[4] ئۇ يەھوشافاتتىن: — جەڭ قىلغىلى مېنىڭ بىلەن گىلېئادتىكى
راموتقا بېرىشقا ماقۇل بولامدىلا؟ — دەپ سورىدى. يەھوشافات
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا جاۋاب بېرىپ: — بىز سىلىنىڭ-مېنىڭ دەپ
ئايرىمايمىز؛ مېنىڭ خەلقىم ئۆزلىرىنىڭ خەلقىدۇر، مېنىڭ ئاتلىرىم
سىلىنىڭ ئاتلىرىدۇر، — دېدى.
[5] لېكىن يەھوشافات ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا: — ئۆتۈنىمەنكى،
بۈگۈن ئاۋۋال پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى سوراپ كۆرگەيلا، — دېدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى پەيغەمبەرلەرنى، يەنى تۆت
يۈزچە ئادەمنى يىغدۇرۇپ ئۇلاردىن: — سوقۇشقىلى گىلېئادتىكى
راموتقا چىقسام بولامدۇ، يوق؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: — چىققىن، رەب
ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ، — دېيىشتى.
[7] لېكىن يەھوشافات بولسا: — بۇلاردىن باشقا، يول سورىغۇدەك
پەرۋەردىگارنىڭ بىرەر پەيغەمبىرى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

---

4:22 **«بىز سىلىنىڭ-مېنىڭ دەپ ئايرىمايمىز»** — ئىبرانىي تىلىدا «مەن ئۆزۈم ساڭا ئوخشاش بولىمەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

7:22 **«بۇلاردىن باشقا، يول سورىغۇدەك پەرۋەردىگارنىڭ بىرەر پەيغەمبىرى يوقمۇ؟»** — يەھوشافات (5-ئايەتتە): «بۈگۈن ئاۋۋال پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى سوراپ كۆرگەيلا» دەيدۇ. لېكىن «پەيغەمبەرلەر» «پەرۋەردىگار» (ئىبرانىي تىلىدا «يەھۋە، يەھوۋاھ») دېگەن نامنى (ئاۋۋال ئىشلەتمەي، بەلكى «خۇدا» (ئىبرانىي تىلىدا «ئەلوھىم») ياكى «رەب» («ئادوناي») دەپ ئىشلىتىدۇ. شۇڭا يەھوشافات «پەيغەمبەرلەر»نىڭ بېشارەتلىرىدىن قاتتىق گۇمان قىلغان بولسا كېرەك. 7-ئايەت

8 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوشافاتقا جاۋاب بېرىپ: ــ پەرۋەردىگاردىن
يول سورايدىغان يەنە بىر ئادەم بار؛ لېكىن ئۇ مېنىڭ توغرامدا قۇتلۇقنى
ئەمەس، بەلكى بالايىئاپەتنى كۆرسىتىپ بېشارەت بەرگەچكە، مەن
ئۇنى ئۆچ كۆرىمەن. ئۇ بولسا ئىملاھنىڭ ئوغلى مىكايادۇر، دېدى.
يەھوشافات: ــ ئى ئالىيلىرى، سىلى ئۇنداق دېمىگەيلا، دېدى.
9 ئاندىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىر چاكىرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:
ــ چاققان بېرىپ، ئىملاھنىڭ ئوغلى مىكايانى چاقىرتىپ كەل، دەپ
بۇيرۇدى.
10 ئەمدى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى
يەھوشافات شاھانە كىيىملىرىنى كىيىشىپ، سامارىيەنىڭ
دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى خاماندا ھەربىرى ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇشتى.
ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بېشارەت بەرمەكتە ئىدى.
11 كەنئاناھنىڭ ئوغلى زەدەكىيا بولسا ئۆزى تۆمۈردىن مۈڭگۈزلەرنى
ياساپ چىقىپ: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مۇشۇ مۈڭگۈزلەر
بىلەن سۈرىيلەرنى يوقاتقۇچە ئۈسۈپ ئۇرسىلا»، دېدى. 12 ھەممە
پەيغەمبەرلەر شۇنىڭغا ئوخشاش بېشارەت بېرىپ: «گىلېئادتىكى
راموتقا چىقىپ سۆزسىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلا؛ چۈنكى پەرۋەردىگار
ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا تاپشۇرىدىكەن»، دېيىشتى.
13 مىكايانى قىچقىرغىلى بارغان خەۋەرچى ئۇنىڭغا: ــ مانا، ھەممە
پەيغەمبەرلەر بىردەك پادىشاھقا ياخشى خەۋەر بەرمەكتە؛ ئەمدى
ئۆتۈنىمەن، سېنىڭ سۆزۈڭمۇ ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن بىردەك بولۇپ،
ياخشى بىر خەۋەرنى بەرگىن، دېدى.
14 ئەمما مىكايا: ــ پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
پەرۋەردىگار ماڭا نېمە ئېيتسا، مەن شۇنى ئېيتىمەن، دېدى.
15 ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پادىشاھ ئۇنىڭدىن: ئى مىكايا،
جەڭ قىلغىلى گىلېئادتىكى راموتقا چىقساق بولامدۇ، يوق؟ ــ دەپ

ۋە كېيىنكى ئايەتلەرنىمۇ كۆرۈڭ.
**10:22** 2تار. 9:18

سورىغۇندى، ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ چىقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار شەھەرنى پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ، دېدى.
16 لېكىن پادىشاھ ئۇنىڭغا: ــ مەن ساڭا قانچە قېتىم پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا راست گەپتىن باشقىسىنى ماڭا ئېيتماسلىققا قەسەم ئىچكۈزۈشۈم كېرەك؟! ــ دېدى.
17 مىكايا: ــ مەن پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ تاغلاردا پادىچىسىز قويلاردەك تارىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. پەرۋەردىگار: «بۇلارنىڭ ئىگىسى يوق؛ بۇلارنىڭ ھەربىرى تىنچ-ئامان ئۆز ئۆيىگە قايتسۇن»، دېدى، ــ دېدى.
18 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوشافاتقا: ــ مانا، مەن سىلىگە «ئۇ مېنىڭ توغرامدا قۇتلۇقنى ئەمەس، بەلكى ھامان بالايىئاپەتنى كۆرسىتىپ بېشارەت بېرىدۇ»، دېمىگەنمىدىم؟ ــ دېدى.
19 مىكايا يەنە: ــ شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىن؛ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنى، ئاسماننىڭ پۈتكۈل قوشۇنلىرى ئۇنىڭ يېنىدا، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم
. 20 پەرۋەردىگار: «كىم ئاھابنى گىلېئادتىكى راموتقا چىقىپ، شۇ يەردە ھالاك بولۇشقا ئالدايدۇ؟» ــ دېدى. بىرسى ئۇنداق، بىرسى مۇنداق دېيىشتى؛ 21 شۇ ۋاقىتتا بىر روھ چىقىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: «مەن بېرىپ ئالداي»، دېدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىن: «قانداق ئۇسۇل بىلەن ئالدايسەن؟» ــ دەپ سورىغۇندى، 22 ئۇ: ــ «مەن چىقىپ ئۇنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاغزىدا يالغانچى بىر روھ بولىمەن»، دېدى. پەرۋەردىگار: ــ «ئۇنى ئالداپ ئىلكىڭگە ئالالايسەن؛ بېرىپ شۇنداق قىل» ــ دېدى. 23 مانا ئەمدى پەرۋەردىگار سېنىڭ بۇ ھەممە

---

15:22 **«پەرۋەردىگار شەھەرنى پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ»** ــ شۈبھىسىزكى، مىكايا بۇ سۆزنى كىنايىلىك تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىدۇ. چۈنكى پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ (16-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**19:22** 2تار. 18:18؛ ئايۇپ 1:6-12؛ 1:2

22:22 **«ئۇ روھ: - «مەن چىقىپ ئۇنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاغزىدا يالغانچى بىر روھ بولىمەن»، دېدى. پەرۋەردىگار: ــ «ئۇنى ئالداپ ئىلكىڭگە ئالالايسەن؛ بېرىپ**

پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ئاغزىغا يالغانچى بىر روھنى سالدى؛ پەرۋەردىگار
سېنىڭ توغراڭدا بالايىئاپەت كۆرسىتىپ سۆزلىدى» ــ دېدى.
24 شۇنى ئاڭلاپ كەنئاناھنىڭ ئوغلى زەدەكىيا كېلىپ مىكايانىڭ
كاچىتىغا بىرنى سېلىپ: ــ پەرۋەردىگارنىڭ روھى قايسى يول بىلەن
مەندىن ئۆتۈپ، ساڭا سۆز قىلىشقا باردى؟! ــ دېدى.
25 مىكايا جاۋاب بېرىپ: ــ ئۆزۈڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىدىكى
ئۆيگە يۈگۈرگەن كۈنىدە شۇنى كۆرىسەن، دېدى.
26 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئەمدى: ــ مىكايانى ئېلىپ قايتۇرۇپ
بېرىپ، شەھەر ھاكىمى ئامون بىلەن پادىشاھنىڭ ئوغلى يوئاشقا
تاپشۇرۇپ، 27 ئۇلارغا تاپىلاپ: «پادىشاھ مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۇنى زىندانغا
سولاپ مەن تىنچ-ئامان يېنىپ كەلگۈچىلىك قىيناپ نان بىلەن سۇنى
ئاز-ئاز بېرىپ تۇرۇڭلار» ــ دېگىن، دەپ بۇيرۇدى.
28 مىكايا: ــ ئەگەر سەن ھەقىقەتەن تىنچ-ئامان يېنىپ كەلسەڭ،
پەرۋەردىگار مېنىڭ ۋاستەم بىلەن سۆز قىلمىغان بولىدۇ، دېدى.
ئاندىن ئۇ يەنە: ــ ئەي جامائەت، ھەربىرىڭلار ئاڭلاڭلار، دېدى.

29 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات
گىلېئادتىكى راموتقا چىقتى. 30 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوشافاتقا:
ــ مەن باشقا قىياپەتكە كىرىپ جەڭگە چىقاي؛ سىلى بولسىلا ئۆز
كىيىملىرىنى كىيىپ چىققايلا، دېدى. ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى باشقا
قىياپەت بىلەن جەڭگە چىقتى.
31 سۇرىيەنىڭ پادىشاھى جەڭ ھارۋىلىرى ئۈستىدىكى ئوتتۇز ئىككى
سەردارغا: ــ چوڭلىرى ياكى كىچىكلىرى بىلەن ئەمەس، پەقەت

---

**شۇنداق قىل» ـــ دېدى»** ـــ بۇ ئايەتلەردىن بۇ روھنىڭ بىر يالغان سۆزلەيدىغان جىن ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ. خۇدانىڭ ئۆز روھى ياكى پەرىشتىلىرى ھېچقاچان يالغان سۆز قىلالمايدۇ. دېمەك، خۇدا جىن-شەيتانلارغا ئاھاب پادىشاھنى ئالداشقا يول قويىدۇ.

25:22 **«ئۆزۈڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىدىكى ئۆيگە يۈگۈرگەن كۈنى...»** ـــ ياكى «ئۆزۈڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۆيدىن ئۆيگە يۈگۈرگەن كۈنى...».

**28:22** مىك. 2:1

ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن سوقۇشۇڭلار، دەپ بۇيرۇدى.
32 ۋە شۇنداق بولدىكى، جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ سەردارلىرى
يەھوشافاتنى كۆرگەندە: ــ ئۇنى چوقۇم ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
دەپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغىلى بۇرۇلدى. لېكىن يەھوشافات پەرياد
كۆتۈردى. 33 جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ سەردارلىرى ئۇنىڭ ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھى ئەمەسلىكىنى كۆرگەندە ئۇنى قوغلىماي، بۇرۇلۇپ كېتىپ
قېلىشتى. 34 ئەمما بىرەيلەن قارىسىغىلا بىر ئوقيا ئېتىۋىدى، ئوق
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنىڭ ساۋۇتىنىڭ مۇرىسىدىن تۆۋەنكى
ئۇلىقىدىن ئۆتۈپ تەگدى. ئۇ ھارۋىكەشكە: ھارۋىنى ياندۇرۇپ مېنى
سەپتىن چىقارغىن؛ چۈنكى مەن يارىدار بولدۇم، دېدى. 35 ئۇ كۈنى جەڭ
بارغانسېرى قاتتىق بولدى. پادىشاھ بولسا سۈرىيلەرنىڭ ئۇدۇلىدا
ئۆز جەڭ ھارۋىسىغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇردى. زەخمىدىن قېنى ھارۋىنىڭ
تېگىگىچە ئېقىپ، كەچ كىرگەندە ئۇ ئۆلدى.
36 كۈن پاتاردا قوشۇن ئارىسىدا بىر قاتتىق سادا ئاڭلىنىپ: ــ ھەر
ئادەم ئۆز شەھىرىگە يانسۇن! ھەربىرى ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەتسۇن!
ــ دېيىلدى.
37 پادىشاھ ئۆلدى، كىشىلەر ئۇنى سامارىيەگە ئېلىپ كەلدى؛
ئۇلار پادىشاھنى سامارىيەدە دەپنە قىلدى. 38 بىرسى پادىشاھنىڭ
ھارۋىسىنى سامارىيەنىڭ كۆلىدە يۇغاندا (بۇ كۆل پاھىشە ئاياللار
يۇيۇنىدىغان جاي ئىدى)، پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە
ئاشۇرۇلۇپ، ئىتلار ئۇنىڭ قېنىنى يالىدى.
39 ئاھابنىڭ باشقا ئىشلىرى، قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى، جۈملىدىن
ئۇنىڭ ياسىغان «پىل چىش سارىيى» ۋە بىنا قىلغان ھەممە شەھەرلەر
توغرۇلۇق «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن
كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
40 ئاھاب ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى
ئاھازىيا ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھوشافات يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

2تار. 37-30:20؛ 1:21

41 ئاسانىڭ ئوغلى يەھوشافات ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاھابنىڭ
سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلىدا يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. 42 يەھوشافات
پادىشاھ بولغاندا ئوتتۇز بەش ياشتا ئىدى، ئۇ يېرۇسالېمدا يىگىرمە
بەش يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئازۇباھ بولۇپ،
ئۇ شىلھىنىڭ قىزى ئىدى. 43-44 ئۇ ھەر ئىشتا ئاتىسى ئاسانىڭ بارلىق
يوللىرىدا يۈرۈپ، ئۇلاردىن چەتنىمەي پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس
بولغاننى قىلاتتى. پەقەت «يۇقىرى جايلار»لا يوقىتىلمىغانىدى؛
خالايىق يەنىلا «يۇقىرى جايلار»دا قۇربانلىق قىلىپ خۇشبۇي ياقاتتى.
45 ۋە يەھوشافات بىلەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق
بولدى.
46 يەھوشافاتنىڭ باشقا ئىشلىرى، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن قۇدرىتى، قانداق
جەڭ قىلغانلىرى توغرىسىدا «يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-
تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
47 ئۇ ئاتىسى ئاسانىڭ كۈنلىرىدە زېمىندىن قوغلىۋېتىلمىگەن
كەسپىي بەچچىۋازلارنى زېمىندىن ھەيدەپ چىقاردى.
48 ئۇ ۋاقىتتا ئېدومنىڭ پادىشاھى يوق ئىدى، بەلكى بىر ۋالىي ھۆكۈم
سۈرەتتى.
49 يەھوشافات ئوفىردىن ئالتۇن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر «تارشىش
كېمە» ئەترىتىنى قۇردى. لېكىن كېمىلەر ھېچيەرگە بارالمىدى؛
چۈنكى ئۇلار ئەزىئون-گەبەردە ئۇرۇلۇپ ۋەيران بولغانىدى.

---

**41:22** 2تار. 31:20

**47:22 «كەسپىي بەچچىۋازلار»** ــ بۇ كىشىلەر بۇتپەرەسلىككە ياكى بۇتخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

49:22 **«يەھوشافات ... بىر «تارشىش كېمە» ئەترىتىنى قۇردى»** ــ «تارشىش كېمە» بەلكىم تارشىش دېگەن پورتقا بېرىپ كېلىشتىكى ئۇزۇن سەپەرگە چىداملىق بولغان كېمىنى كۆرسىتەتتى. «تارشىش» دېگەن ئىسىم ئىسپانىيە، شىمالىي ئافرىقا ياكى برىتانىيەنى ياكى ئۈچىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ.

[50] ئۇ ۋاقىتتا ئاھابنىڭ ئوغلى ئاھازىيا يەھوشافاتقا: ــ مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭ بىلەن كېمىلەردە بارسۇن، دېدى. لېكىن يەھوشافات ئۇنىمىدى.
[51] يەھوشافات ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە «داۋۇتنىڭ شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى يەھورام ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئاھازىيا ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

[52] ئاھابنىڭ ئوغلى ئاھازىيا يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون يەتتىنچى يىلىدا سامارىيەدە ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ بولۇپ ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. [53] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ ئاتىسىنىڭ يولىدا ۋە ئانىسىنىڭ يولىدا يۈرۈپ، شۇنداقلا ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ يولىدا ماڭدى؛ [54] ئۇ ئاتىسى قىلغاننىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، بائالنىڭ قۇللۇقىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.

## تەۋرات 12-قىسىم

# پادىشاھلار «2»

## «پادىشاھلار» ـ كىتابىنىڭ داۋامى

1 [1]ئاھاب ئۆلگەندىن كېيىن موئاب ئىسرائىلغا ئىسيان كۆتۈردى.

### ئىلياس پەيغەمبەر ئاھازىياغا تەنبىھ بېرىدۇ

[2]ئاھازىيا سامارىيەدە تۇرغاندا ئوردىسىدىكى بالىخانىنىڭ
پەنجىرىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇ
خەۋەرچىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا: ــ ئەكرون شەھىرىدىكى ئىلاھ بائال-
زەبۇبدىن مېنىڭ توغرامدا، كېسىلىدىن ساقىيامدۇ، دەپ سوراڭلار،
دېدى.
[3]لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بولسا تىشبىلىق ئىلياسقا:
ــ ئورنۇڭدىن تۇر، سامارىيە پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئالدىغا
بېرىپ، ئۇلارغا: ــ ئىسرائىلدا خۇدا يوقمۇ، ئەكروندىكى ئىلاھ بائال-
زەبۇبدىن يول سورىغىلى ماڭدىڭلارمۇ؟ [4]شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار
ھازىر مۇنداق دېدىكى: «سەن چىققان كارىۋاتتىن چۈشەلمەيسەن؛
سەن چوقۇم ئۆلىسەن» دېگىن، ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئىلياس يولغا چىقتى.
[5]خەۋەرچىلەر پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى؛ ئۇ ئۇلاردىن:
نېمىشقا يېنىپ كەلدىڭلار، دەپ سورىدى.
[6]ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ بىر ئادەم بىزگە ئۇچراپ بىزگە: ــ سىلەرنى ئەۋەتكەن
پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ ئىسرائىلدا خۇدا يوقمۇ، ئەكروندىكى ئىلاھ بائال-زەبۇبدىن

---
**1:1** 2پاد. 5:3

يول سورىغلى ئادەملەرنى ئەۋەتتىڭمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سەن چىققان
كارىۋاتتىن چۈشەلمەيسەن؛ سەن چوقۇم ئۆلىسەن!» دەڭلار، ــ دېدى.
7 پادىشاھ ئۇلاردىن: سىلەرگە ئۇچراپ بۇ سۆزلەرنى قىلغان ئادەم قانداق
ئادەم ئىكەن؟ ــ دەپ سورىدى.
8 ئۇلار ئۇنىڭغا: ئۇ تۈكلۈك، بېلىگە تاسما باغلىغان ئادەم ئىكەن،
دېدى. پادىشاھ: ئۇ تىشبىلىق ئىلىياس ئىكەن، دېدى.
9 ئاندىن پادىشاھ بىر ئەللىكبېشىنى قول ئاستىدىكى ئەللىك ئادىمى
بىلەن ئىلىياسنىڭ قېشىغا ماڭدۇردى؛ بۇ كىشى ئىلىياسنىڭ قېشىغا
بارغاندا، مانا ئۇ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭغا: ئى
خۇدانىڭ ئادىمى، پادىشاھ سېنى چۈشۈپ كەلسۇن! دەيدۇ، دېدى.
10 لېكىن ئىلىياس ئەللىكبېشىغا: ئەگەر مەن خۇدانىڭ ئادىمى بولسام،
ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ سەن بىلەن ئەللىك ئادىمىڭنى كۆيدۈرسۇن،
دەپ جاۋاب بەردى. شۇئان ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن
ئەللىك ئادىمىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
11 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يەنە بىر ئەللىكبېشىنى ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكى ئەللىك ئادىمى بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا ماڭدۇردى. ئۇ
ئۇنىڭغا: ئى خۇدانىڭ ئادىمى، پادىشاھ ئېيتتى: سېنى دەرھال چۈشۈپ
كەلسۇن! ــ دېدى.
12 لېكىن ئىلىياس ئەللىكبېشىغا: ئەگەر مەن خۇدانىڭ ئادىمى بولسام،
ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ سەن بىلەن ئەللىك ئادىمىڭنى كۆيدۈرسۇن،
دەپ جاۋاب بەردى. شۇئان خۇدانىڭ ئوتى ئاسماندىن چۈشۈپ ئۇنىڭ
ئۆزى بىلەن ئەللىك ئادىمىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
13 پادىشاھ ئەمدى ئۈچىنچى بىر ئەللىكبېشىنى قول ئاستىدىكى
ئەللىك ئادىمى بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا ماڭدۇردى؛ ئەللىكبېشى بېرىپ
ئىلىياسنىڭ ئالدىغا چىقىپ، تىزلىنىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ: ئى
خۇدانىڭ ئادىمى، مېنىڭ جېنىم بىلەن سېنىڭ بۇ ئەللىك قۇلۇڭنىڭ
جانلىرى نەزىرىڭدە ئەزىز بولسۇن! 14 دەرۋەقە، ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ،
ئىلگىرىكى ئىككى ئەللىكبېشىنى ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى

ئەللىك ئادىمى بىلەن كۆيدۈرۈۋەتتى. لېكىن ھازىر مېنىڭ جېنىم
سېنىڭ نەزىرىڭدە ئەزىز بولسۇن، دېدى.
[15] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئىلياسقا: سەن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن
بارغىن؛ ئۇنىڭدىن قورقمىغىن، دېدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ
بىلەن چۈشۈپ پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ [16] پادىشاھقا: پەرۋەردىگار
سۆز قىلىپ: «ئىسرائىلدا ۋەھىي سورىغىلى بولىدىغان خۇدا يوقمۇ،
ئەكروندىكى ئىلاھ بائال-زەبۇبدىن يول سورىغىلى ئەلچىلەرنى
ئەۋەتتىڭغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سەن چىققان كارىۋاتتىن چۈشەلمەيسەن؛
سەن چوقۇم ئۆلىسەن!» دەيدۇ، ــ دېدى.
[17] شۇنىڭ بىلەن ئىلياس دېگەندەك، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بويىچە
ئاھازىيا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، يەھورام ئۇنىڭ ئورنىدا
پادىشاھ بولدى. بۇ يەھوشافاتنىڭ ئوغلى، يەھۇدا پادىشاھى
يەھورامنىڭ ئىككىنچى يىلى ئىدى.
[18] ئەمدى ئاھازىيانىڭ باشقا ئىشلىرى، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرى
بولسا، ئۇلار «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى»
دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟

## ئىلياس ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇ

2 [1] پەرۋەردىگار ئىلياسنى قارا قۇيۇندا ئاسمانغا كۆتۈرمەكچى
بولغان ۋاقىتتا ئىلياس بىلەن ئېلىشا گىلگالدىن چىقىپ
كېتىۋاتاتتى.

---

17:1 «...**يەھورام ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى**» ــ بۇ «يەھورام» بەلكىم ئاھازىيانىڭ ئىنىسى. ئۇ يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھورام دېگەن ئادەم ئەمەس. «**بۇ يەھوشافاتنىڭ ئوغلى، يەھۇدا پادىشاھى يەھورامنىڭ ئىككىنچى يىلى...**» ــ مۇشۇ ئايەتتە ئىككى يەھورام بار؛ بىرىنچىسى ئىسرائىل، يەنى شىمالىي پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھى، ئىككىنچىسى يەھۇدانىڭ پادىشاھى

18:1 «...**ئۇلار «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟**» ــ بۇ كىتاب تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە» ئەمەس، بىراق شۈبھىسىزكى، تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە» بۇ كىتابتىن كۆپ ئۇچۇرلارنى ئالغان.

2 ئىلىياس ئېلىشاغا: ــ سەندىن ئۆتۈنىمەن، بۇ يەردە قالغىن؛ چۈنكى
پەرۋەردىگار مېنى بەيت-ئەلگە ماڭغۇزدى، دېدى. ئېلىشا: پەرۋەردىگارنىڭ
ھاياتى بىلەن، ۋە سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭدىن
ھەرگىز ئايرىلمايمەن! دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەيت-ئەلگە چۈشۈپ
كەلدى. 3 ئۇ ۋاقىتتا بەيت-ئەلدىكى پەيغەمبەر شاگىرتلىرى ئېلىشانىڭ
قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: بىلەمسەن، پەرۋەردىگار بۈگۈن غوجاڭنى
سەندىن ئېلىپ كېتىدۇ؟ ــ دېدى. ئۇ: بىلىمەن؛ شۈك تۇرۇڭلار، دېدى.
4 ئىلىياس ئېلىشاغا: ــ سەندىن ئۆتۈنىمەنكى، بۇ يەردە قالغىن؛
چۈنكى پەرۋەردىگار مېنى يېرىخوغا ماڭغۇزدى. ئېلىشا:
پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن، ۋە سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، سېنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار ئىككىسى يېرىخوغا باردى.
5 ئۇ ۋاقىتتا يېرىخودىكى پەيغەمبەر شاگىرتلىرى ئېلىشانىڭ قېشىغا
كېلىپ ئۇنىڭغا: بىلەمسەن، پەرۋەردىگار بۈگۈن غوجاڭنى سەندىن
ئېلىپ كېتىدۇ؟ ــ دېدى. ئۇ: بىلىمەن؛ شۈك تۇرۇڭلار، دېدى.
6 ئىلىياس ئېلىشاغا: ــ سەندىن ئۆتۈنىمەنكى، بۇ يەردە قالغىن؛
چۈنكى پەرۋەردىگار مېنى ئىئوردان دەرياسىغا ماڭغۇزدى، دېدى.
ئېلىشا: پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن، ۋە سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن
قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، دېدى، شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار ئىككىسى مېڭىۋەردى.
7 ئەمدى پەيغەمبەر شاگىرتلىرىدىن ئەللىك كىشى بېرىپ، ئۇلارنىڭ
ئۇدۇلىدا يىراقتىن قاراپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ئىككىلەن ئىئوردان

3:2 **«پەيغەمبەر شاگىرتلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «پەيغەمبەرنىڭ ئوغۇللىرى». بۇلار بەلكىم ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، مەلۇم بىر پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ ئۇنىڭدىن تەلىم-تەربىيە ئالىدىغان ۋە شۇنداقلا خۇدادىن پەيغەمبەرلىك ئىلتىپات-قابىلىيەتنى تىلەيدىغان ئادەملەر ئىدى. **«پەرۋەردىگار بۈگۈن غوجاڭنى سەندىن ئېلىپ كېتىدۇ»** ــ «سەندىن» ئىبرانىي تىلدا «بېشىڭدىن» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، كېيىن ئىلىياس ئېلىشانىڭ بېشى بولمايدۇ.

5:2 **«پەرۋەردىگار بۈگۈن غوجاڭنى سەندىن ئېلىپ كېتىدۇ؟»** ــ «سەندىن» ئىبرانىي تىلدا «بېشىڭدىن» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

دەرياسىنىڭ بويىدا توختاپ تۇردى. [8] ئىلياس يېپىنچىسىنى قاتلاپ،
ئۇنىڭ بىلەن سۇنى ئۇرۇۋىدى، سۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇردى؛ ئۇلار
ئىككىسى قۇرۇق يولدىن ئۆتتى. [9] ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئىلياس
ئېلىشاغا: مەن سەندىن ئايرىلماستا، سېنىڭ ئۈزۈڭ ئۈچۈن مەندىن
نېمە تىلىكىڭ بولسا، دەۋەرگىن، دېدى. ئېلىشا: سېنىڭ ئۈستۈڭدە
تۇرغان روھنىڭ ئىككى ھەسسىسى ئۈستۈمگە قونسۇن، ــ دېدى.
[10] ئۇ: بۇ تىلىكىڭگە ئېرىشمەك قىيىندۇر؛ مەن سەندىن ئېلىپ
كېتىلگەن ۋاقتىمدا، مېنى كۆرۈپ تۇرساڭ، ساڭا شۇنداق بېرىلىدۇ؛
بولمىسا، بېرىلمەيدۇ، ــ دېدى.
[11] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلار سۆزلىشىپ ماڭغاندا، مانا، ئوتلۇق بىر
جەڭ ھارۋىسى بىلەن ئوتلۇق ئاتلار نامايان بولدى؛ ئۇلار ئىككىسىنى
ئايرىۋەتتى ۋە ئىلياس قارا قۇيۇندا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.
[12] ئېلىشا بۇنى كۆرۈپ: ئى ئاتام، ئى ئاتام، ئىسرائىلنىڭ جەڭ ھارۋىسى ۋە
ئاتلىق ئەسكەرلىرى! ــ دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن ئۇ ئۇنى يەنە كۆرەلمىدى.
ئۇ ئۆز كىيىمىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى يىرتىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى.
[13] ئاندىن ئۇ ئىلياسنىڭ ئۈچىسىدىن چۈشۈپ قالغان يېپىنچىسىنى
يەردىن ئېلىپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا قايتىپ كەلدى. [14] ئۇ
ئىلياسنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالغان يېپىنچىسى بىلەن سۇنى ئۇرۇپ:
«ئىلياسنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار نەدىدۇر؟»، دېدى. ئېلىشا سۇنى
شۇنداق ئۇرغاندا سۇ ئىككىگە بۆلۈندى؛ ئېلىشا سۇدىن ئۆتۈپ كەتتى.
[15] يېرىخودىكى پەيغەمبەر شاگىرتلىرى قارشى قىرغاقتا تۇرۇپ ئۇنى
كۆردى ۋە: «ئىلياسنىڭ روھى ئېلىشانىڭ ئۈستىدىدۇر» دەپ ئۇنىڭ
ئالدىغا بېرىپ، باش ئۇرۇپ تەزىم قىلدى. [16] ئۇلار ئۇنىڭغا: مانا

---

12:2 **«ئىسرائىلنىڭ جەڭ ھارۋىسى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرى!»** ــ بەلكىم ئېلىشا ھازىر كۆرگەن جەڭ ھارۋىسى ۋە ئاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلياس پەيغەمبەر ئىسرائىل ئارىسىدا تۇرغان ۋاقتىدا خۇدانىڭ ساماۋىي كۈچلىرى ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسرائىلغا ياردەمدە بولاتتى. شۇ نۇقتىدىن پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئىسرائىلغا نىسبەتەن «جەڭ ھارۋىسى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرى» بولاتتى. لېكىن ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن قانداق بولار؟

**12:2** 2پاد. 14:13

سىنىڭ كەمىنىلىرىڭ ئارىسىدا ئەللىك ئەزىمەت بار؛ ئۆتۈنىمىز، بۇلار غوجاڭنى ئىزدىگىلى بارسۇن. پەرۋەردىگارنىڭ روھى بەلكىم ئۇنى كۆتۈرۈپ تاغلارنىڭ بىرى يېرىدە ياكى جىلغىلارنىڭ بىر تەرىپىدە تاشلاپ قويىدىمىكى، دېدى. لېكىن ئۇ: سىلەر ھېچ ئادەمنى ئەۋەتمەڭلار، دېدى.
[17] ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇنى قىستاۋېرىشى بىلەن ئۇ خىجالەت بولۇپ: ئادەم ئەۋەتىڭلار، دېدى. شۇڭا ئۇلار ئەللىك كىشىنى ئەۋەتتى؛ بۇلار ئۈچ كۈن ئۇنى ئىزدىدى، لېكىن ھېچ تاپالمىدى. [18] ئۇلار ئېلىشانىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە (ئۇ يېرىخودا تۇرۇۋاتاتتى) ئۇ ئۇلارغا: مەن دەرۋەقە سىلەرگە «ئىزدەپ بارماڭلار!» دېمىدىممۇ؟ ــ دېدى.

## ئېلىشا پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىك ھوقۇقى نامايان بولىدۇ

[19] شەھەردىكى ئادەملەر ئېلىشاغا: غوجام كۆرگەندەك، شەھەر ئۆزى ئوبدان جايدىدۇر، لېكىن سۇ ناچار ۋە تۇپراق تۇغماستۇر، دېدى.
[20] ئۇ: يېڭى بىر كوزا ئېلىپ كېلىپ، ئىچىگە تۇز قويۇپ، ماڭا بېرىڭلار، دېدى. ئۇلار ئۇنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.
[21] ئۇ بۇلاقنىڭ بېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تۇزنى تۆكتى ۋە: پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مەن بۇ سۇلارنى ساقايتتىم؛ ئەمدى ئۇلاردىن قايتا ئۆلۈم بولمايدۇ ۋە يەرنىڭ تۇغماسلىقى بولمايدۇ» ــ دېدى.
[22] خۇددى ئېلىشانىڭ ئېيتقان بۇ سۆزىدەك، ئۇ سۇ تاكى بۈگۈنگە قەدەر پاك بولۇپ كەلدى.
[23] ئېلىشا يېرىخودىن چىقىپ بەيت-ئەلگە باردى. ئۇ يولدا كېتىپ بارغاندا، بەزى باللار شەھەردىن چىقىپ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ: چىقىپ كەت، ئى تاقىر باش! چىقىپ كەت، ئى تاقىر باش! ــ دەپ ۋارقىراشتى.
[24] ئۇ بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قاراپ پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۇلارغا لەنەت ئوقۇدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئورمانلىقتىن ئىككى چىشى ئېيىق چىقىپ، باللاردىن قىرىق ئىككىنى يىرتىۋەتتى. [25] ئۇ ئۇ يەردىن كېتىپ، كارمەل تېغىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن سامارىيەگە يېنىپ باردى.

21:2 «مەن بۇ سۇلارنى ساقايتتىم» ــ ياكى «مەن بۇ سۇلارنى تازىلىدىم».

## موئاب ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلىدۇ

3 [1] يەھۇدا پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون
سەككىزىنچى يىلى، ئاھابنىڭ ئوغلى يەھورام سامارىيەدە
ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، ئون ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. [2] ئۇ
ئۆزى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلاتتى، لېكىن ئاتىسى
بىلەن ئانىسى قىلغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاتىسى ياساتقان
«بائال تۈۋرۈكى»نى ئېلىپ تاشلىدى. [3] لېكىن ئۇ ئىسرائىلنى گۇناھقا
پۇتلاشتۇرغان نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىدا چىڭ
تۇرۇپ، ئۇلاردىن ھېچ يانمىدى.
[4] موئابنىڭ پادىشاھى مېشا ناھايىتى چوڭ قويچى ئىدى؛ ئۇ ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھىغا يۈز مىڭ قوزا ھەم يۈز مىڭ قوچقارنىڭ يۇڭىنى ئولپان
قىلاتتى. [5] ئەمدى شۇنداق بولدىكى، ئاھاب ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن
موئابنىڭ پادىشاھى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا يۈز ئۆرۈدى.
[6] ئۇ ۋاقىتتا يەھورام پادىشاھ سامارىيەدىن چىقىپ ھەممە ئىسرائىلنى
جەڭ ئۈچۈن ئېبدىتلىدى. [7] ئۇ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ يەھۇدانىڭ پادىشاھى
يەھوشافاتقا خەۋەر بېرىپ: موئابنىڭ پادىشاھى مەندىن يۈز ئۆرۈدى؛
موئاب بىلەن سوقۇشقىلى چىقامسەن؟ ــ دېدى. ئۇ: چىقىمەن؛ بىزدە
مېنىڭ-سېنىڭ دەيدىغان گەپ يوقتۇر، مېنىڭ خەلقىم سېنىڭ
خەلقىڭدۇر، مېنىڭ ئاتلىرىم سېنىڭ ئاتلىرىڭدۇر، دېدى.
[8] ئۇ يەنە: قايسى يول بىلەن چىقايلى، دەپ سورىدى. يەھورام: بىز ئېدوم
چۆلىنىڭ يولى بىلەن چىقايلى، دەپ جاۋاب بەردى.
[9] ئاندىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى

---

**2:3** 1پاد. 32:16

**4:3** **«يۈز مىڭ قوزا ھەم يۈز مىڭ قوچقارنىڭ يۇڭىنى ئولپان قىلاتتى»** ــ ياكى «يۈز مىڭ قوزىنىڭ ۋە يۈز مىڭ قوچقارنىڭ يۇڭىنى ئولپان ئەۋەتەتتى».

**5:3** 2پاد. 1:1

**7:3** **«بىزدە مېنىڭ-سېنىڭ دەيدىغان گەپ يوقتۇر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەن ئۆزۈم ساڭا ئوخشاش بولىمەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**7:3** 1پاد. 4:22

ئېدومنىڭ پادىشاھىغا قوشۇلۇپ ماڭدى. ئۇلار يەتتە كۈن ئايلىنىپ
يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، قوشۇن ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئات-
ئۇلاغلارغا سۇ قالمىدى. [10] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى: ئاپلا! پەرۋەردىگار
بىز ئۈچ پادىشاھنى موئابنىڭ قولىغا چۈشسۇن دەپ، بىر يەرگە جەم
قىلغان ئوخشايدۇ، دېدى.
[11] لېكىن يەھوشافات: پەرۋەردىگاردىن يول سورىشىمىز ئۈچۈن بۇ
يەردە پەرۋەردىگارنىڭ بىر پەيغەمبىرى يوقمۇ؟ ــ دېدى. ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھىنىڭ چاكارلىرىدىن بىرى: ئىلياسنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ
بەرگەن شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشا بۇ يەردە بار، دېدى.
[12] يەھوشافات: پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئۇنىڭدا بار، دېدى. شۇنىڭ
بىلەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھوشافات ۋە ئېدومنىڭ
پادىشاھى ئۇنىڭ قېشىغا چۈشۈپ باردى.
[13] ئېلىشا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا: ــ مېنىڭ سېنىڭ بىلەن
نېمە كارىم! ئۆز ئاتاڭنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئاناڭنىڭ
پەيغەمبەرلىرىنىڭ قېشىغا بارغىن، دېدى.
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى: ئۇنداق دېمىگىن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار
بۇ ئۈچ پادىشاھنى موئابنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن جەم قىلغان
ئوخشايدۇ، ــ دېدى.
[14] ئېلىشا: مەن خىزمىتىدە تۇرۇۋاتقان پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن
قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ
ھۆرمىتىنى قىلمىغان بولسام، سېنى كۆزگە ئىلمىغان ياكى ساڭا
قارىمىغان بولاتتىم. [15] لېكىن ئەمدى بېرىپ بىر سازچىنى ماڭا ئېلىپ
كېلىڭلار، ــ دېدى.

**11:3** 1پاد. 7:22

**13:3** 1پاد. 19:18

**14:3** **«مەن خىزمىتىدە تۇرۇۋاتقان»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «مەن ئۇنىڭ (خۇدانىڭ) ئالدىدا تۇرۇۋاتقان» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئېلىشا ئۆزىنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا دائىم غوجىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان خىزمەتكارغا ئوخشىتىدۇ.

**14:3** 1پاد. 1:17

سازچى ساز چالغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈش
تى. [16] ئۇ: پەرۋەردىگار سۆز قىلىپ: «بۇ ۋادىنىڭ ھەممە يېرىگە ئورا
كولاڭلار» دېدى، ــ دېدى ئاندىن يەنە:
[17] ــ چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر يا شامال يا
يامغۇر كۆرمىسەڭلارمۇ، بۇ ۋادى سۇغا تولۇپ، ئۆزۈڭلار بىلەن
ئات-ئۇلاغلىرىڭلار ھەممىسى سۇ ئىچىسىلەر». [18] لېكىن بۇ
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە كىچىك ئىش بولۇپ، ئۇ موئابنىمۇ
سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارغا تاپشۇرىدۇ. [19] سىلەر بارلىق مۇستەھكەم
شەھەرلەرنى ۋە بارلىق ئېسىل شەھەرلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بارلىق
ياخشى دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاپ، ھەممە بۇلاقلارنى تىندۇرۇپ،
ھەممە مۇنبەت ئېكىنزارلىقنى تاشلار بىلەن قاپلاپ خاراب
قىلىسىلەر» ــ دېدى.
[20] ۋە ئەتىسى ئەتىگەنلىك قۇربانلىق سۇنۇلغان ۋاقىتتا، مانا،
سۇ ئېدوم زېمىنى تەرەپتىن ئېقىپ كېلىپ، ھەممە يەرنى سۇغا
توشقۇزدى. [21] ئەمما موئابلارنىڭ ھەممىسى: پادىشاھلار بىز بىلەن
جەڭ قىلغىلى چىقىپتۇ، دەپ ئاڭلىغان بولۇپ، ساۋۇت-قالقان
كۆتۈرەلىگۈدەك چوڭ-كىچىك ھەممىسى چېگرادا تىزىلىپ سەپتە
تۇردى. [22] ئۇلار ئەتىسى سەھەردە قوپۇپ قارىسا، كۈن نۇرى ئۇلارنىڭ
ئۇدۇلىدىكى سۇ ئۈستىگە چۈشكەنىدى؛ كۈننىڭ شولىسىدا سۇ
ئۇلارغا قاندەك كۆرۈندى. ئۇلار: ــ
[23] بۇ قان ئىكەن! پادىشاھلار ئۇرۇشۇپ بىر-بىرىنى قىرغان
ئوخشايدۇ. ئى موئابلار! دەرھال ئولجىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ
بۆلىشىۋالايلى! دېدى.
[24] لېكىن ئۇلار ئىسرائىلنىڭ لەشكەرگاھىغا يەتكەندە، ئىسرائىللار
ئورنىدىن قوپۇپ موئابلارغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئۇلار بەدەر
قاچتى. ئىسرائىللار ئۇلارنى سۈرۈپ-توقاي قىلىۋەتتى. [25] ئۇلار

---

15:3 **«سازچى ساز چالغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى»** ــ ياكى «سازچى چالسا، پەرۋەردىگارنىڭ قولى... چۈشەتتى».

**شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ، ھەربىر ئادەم تاش ئېلىپ، ھەممە مۇنبەت ئېكىنزارلىقنى تولدۇرۇۋەتكۈچە تاش تاشلىدى. ئۇلار ھەممە بۇلاق-قۇدۇقلارنى تىندۇرۇپ، ھەممە ياخشى دەرەخلەرنى كېسىۋەتتى. ئۇلار كىر-ھارەسەت شەھىرىدىكى تاشلاردىن باشقا ھېچ نېمىنى قالدۇرمىدى. شۇ شەھەرگە بولسا، سالغا ئاتقۇچىلار ئۇنىڭغا چۆرگىلەپ ھۇجۇم قىلدى.**

**[26] موئابنىڭ پادىشاھى جەڭنىڭ ئۆزىگە زىيادە قاتتىق كەلگىنىنى كۆرۈپ ئۆزى بىلەن يەتتە يۈز قىلىچۋازنى ئېلىپ ئېدومنىڭ پادىشاھىغا ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئاتلاندى؛ لېكىن ئۇلار بۆسۈپ ئۆتەلمىدى.**

**[27] شۇنىڭ بىلەن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى تۇنجى ئوغلىنى ئېلىپ، سېپىلنىڭ تۆپىسىدە ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق قەھرىگە ئۇچرىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ پادىشاھ موئاب پادىشاھىنى ئايرىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز يۇرتىغا كېتىشتى.**

---

25:3 **«ئۇلار كىر-ھارەسەت شەھىرىدىكى تاشلاردىن باشقا ھېچ نېمىنى قالدۇرمىدى»** ــ بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم «ئۇلار كىر-ھارەسەت شەھىرىنىڭ ئۆزىنى ۋەيران قىلمىدى» دېگەندەك بولسا كېرەك.

27:3 **«پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق قەھرى...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ قاتتىق قەھرى...». **«پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق قەھرىگە ئۇچرىغانىدى»** ــ ئىسرائىلنىڭ شۇ چاغدا نېمىشقا پەرۋەردىگارنىڭ قەھرىگە ئۇچراش سەۋەبى مۇشۇ يەردە ئېيتىلمايدۇ. بىرنەچچە ئالىم مۇشۇ «قەھر»نى پەرۋەردىگاردىن ئەمەس، بەلكى ئېدوم تەرىپىدىن كەلگەن، دەپ قاراپ، تۆۋەندىكىدەك تەرجىمە بىلەن شەرھ بېرىپ چۈشەندۈرىدۇ: «(26) موئابنىڭ پادىشاھى ... ئېدومنىڭ پادىشاھىغا ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈشكە ئاتلاندى؛ لېكىن ئۇلار بۆسۈپ ئۆتەلمىدى. (27) شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ (ئېدومنىڭ) تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى تۇنجى ئوغلىنى ئېلىپ كېلىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل قاتتىق قەھرگە ئۇچرىغانىدى (ئېدوملار: «بىز ئىسرائىللار بىلەن ئىتتىپاقداش بولغاچقا، بىز ئۇلارنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرىدۇق» دەپ ئىسرائىلغا قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى». دېمەك، شۇ ئالىملار شۇ «قەھر» ئېدوملار تەرىپىدىن كەلدى، دەپ قارايدۇ).

—بىراق بىزنىڭچە بۇنداق تەرجىمىدە ئىككى مۇھىم نۇقتىنى پەرەزيي تەرجىمە قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا قايىل بولمىدۇق. شۇڭا بىز يەنىلا ئايەتتىكى «قەھر»نى خۇدا تەرىپىدىن بولغان، دەپ قارايمىز

## ئېلىشا پەيغەمبەر تۇل خوتۇن
## ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ياردەم بېرىدۇ

4 [1]پەيغەمبەر شاگىرتلىرىدىن بىرىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى
ئېلىشاغا پەرياد قىلىپ: سېنىڭ قۇلۇڭ بولغان مېنىڭ ئېرىم
ئۆلۈپتۇ. بىلىسەنكى، سېنىڭ قۇلۇڭ پەرۋەردىگاردىن قورققان ئادەم
ئىدى. ئەمدى قەرز ئىگىسى مېنىڭ ئىككى ئوغلۇمنى قۇللۇققا
ئالغىلى كەلدى.
[2]ئېلىشا ئۇنىڭدىن: سېنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلاي؟ دېگىنە، ئۆيۈڭدە
نېمەڭ بار؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ: دېدېكىڭنىڭ ئۆيىدە كىچىك بىر كوزا
مايدىن باشقا ھېچنەرسە يوق، ــ دېدى.
[3]ئۇ: بېرىپ ھەممە قوشنىلىرىڭدىن چۆگۈن-كوزا، يەنى بوش چۆگۈن-
كوزىلارنى ئۆتنە ئالغىن، ئۇلار ئاز بولمىسۇن. [4]ئاندىن ئۆزۈڭ بىلەن
ئوغۇللىرىڭ ئۆيگە كىرگىن، ئىشىكنى يېپىپ ھەممە چۆگۈن-كوزىلارغا
ماي قاچىلىغىن. توشقانلىرىنى بىر چەتكە ئېلىپ قويغىن، ــ دېدى.
[5]شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئوغۇللىرى بىلەن ئۆيگە كىرىپ
ئىشىكنى ياپتى. ئوغۇللىرى چۆگۈن-كوزىلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كەلگەندە، ئۇ ماي قۇيدى. [6]ۋە شۇنداق بولدىكى، چۆگۈن-كوزىلارنىڭ
ھەممىسى تولغاندا ئۇ ئوغلىغا: يەنە بىر كوزا ئېلىپ كەل، دېدى. ئەمما
ئوغلى: ئەمدى كوزا قالمىدى، دېدى. ئۇ ۋاقىتتا ماي توختاپ قالدى.
[7]ئەمدى ئۇ بېرىپ خۇدانىڭ ئادىمىگە خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇ: بېرىپ
مايىنى سېتىۋەت، قەرزىڭنى تۆلەتكىن؛ ئاندىن قالغان پۇل بىلەن
ئۆزۈڭ ۋە ئوغۇللىرىڭنىڭ جېنىنى بېقىڭلار، دېدى.

## ئېلىشا ئۆلگەن بالىنى تىرىلدۈرىدۇ

[8]بىر كۈنى ئېلىشا شۇنەم شەھىرىگە باردى. ئۇ يەردە بىر باي ئايال
بار ئىدى ۋە ئۇ ئۇنى ئۆز ئۆيىدە تاماققا تۇتۇپ قالدى. شۇنىڭدىن

---

**1:4** لاۋ. 39:25

**2:4 «كىچىك بىر كوزا ماي»** ــ بۇ ماي بەلكىم زەيتۇن مېيى ئىدى.

كېيىن ھەرقاچان ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ماڭسا، ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ
غىزالىناتتى. [9] بىر كۈنى ئۇ ئۆز ئېرىگە: بۇ يەردىن دائىم ئۆتىدىغان
كىشى خۇدانىڭ بىر مۇقەددەس ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم.
[10] بىز ئۆگزىدە ئۇنىڭغا بىر كىچىكرەك ئۆي سالايلى. ئۇنىڭغا ئۆيدە
كارىۋات، شىرە، ئورۇندۇق ۋە چىراغدان تەييارلاپ بېرەيلى؛ ۋە شۇنداق
بولسۇنكى، ئۇ قاچانلا يېنىمىزغا كەلسە شۇ ئۆيدە تۇرسۇن، ــ دېدى.
[11] ئەمدى پەيغەمبەر بىر كۈنى ئۇ يەرگە كەلگەندە، شۇ بالىخانىغا كىرىپ
يېتىپ قالدى. [12] ئۇ ئۆز خىزمەتكارى گەھازىغا: سەن ئۇ شۇنەملىك
ئايالنى چاقىرغىن، دېدى. ئۇ ئۇنى چاقىرغاندا، ئايال ئۇنىڭ قېشىغا
كەلدى.
[13] پەيغەمبەر خىزمەتكارىغا: سەن ئۇنىڭغا: «سىلى بىزنىڭ غېمىمىزنى
يەپ مۇشۇنداق ئۆزلىرىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىلا؛ مەن سىلى ئۈچۈن نېمە
قىلىپ بېرەي؟ پادىشاھقا ياكى قوشۇن سەردارىغا بىرەر تەلەپلىرىنى
يەتكۈزەيمۇ؟» ــ دېگىن، دېدى.
ئايال بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن ئۆز خەلقىم ئارىسىدا ياشاۋاتىمەن،
بولدى! دېدى.
[14] ئەمدى ئېلىشا گەھازىدىن، ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بېرىش كېرەك؟ ــ
دەپ سورىدى. گەھازى: ئۇنىڭ ئوغۇل بالىسى يوق ئىكەن، ۋە ئېرىمۇ
قېرى ئىكەن، دېدى.
[15] ئۇ: ئۇنى چاقىرغىن، دېدى. ئايالنى چاقىرىۋىدى، ئايال ئىشىككە
كېلىپ تۇردى.
[16] پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: كېلەر يىلى تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتتا
قۇچاقلىرىدا بىر ئوغۇللىرى بولىدۇ، دېدى. ئۇ: ياق، ئى غوجام! ئى
خۇدانىڭ ئادىمى، دېدىكىڭگە يالغان ئېيتمىغىن، دېدى.
[17] ئەمدى ئېلىشا ئۇنىڭغا دېگەندەك ئۇ ئايال ھامىلدار بولۇپ،
ئىككىنچى يىلى بېكىتىلگەن ۋاقىتتا ئوغۇل تۇغدى.

**16:4 «مۇشۇ ۋاقىتتا»** ــ ياكى «ئەتىيازدا».

**16:4** يار. 10:18، 14

[18] بالا ئۆسۈپ چوڭراق بولدى. بىر كۈنى شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئاتىسى
بار يەرگە، ئورمىچىلارنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى. [19] ئۇ ئاتىسىغا:
ۋاي بېشىم، ۋاي بېشىم، دەپ ۋايسىدى. ئۇ خىزمەتكارىغا، ئۇنى
ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغىن، دېدى.
[20] ئۇ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئانىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويدى. بالا ئانىسىنىڭ
ئېتىكىدە چۈشكىچە ئولتۇردى، ئاندىن ئۆلۈپ قالدى. [21] ئاندىن ئانىسى
چىقىپ، ئۇنى خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ ئۆيىدىكى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ
قويۇپ، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. [22] ئۇ ئېرىنى چاقىرىپ
ئۇنىڭغا: غۇلاملاردىن بىرىنى ماڭدۇرغىن، ئۇ بىر ئېشەكنى ئېلىپ
كەلسۇن؛ مەن ئۇنى چاپتۇرۇپ، خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ قېشىغا دەرھال
بېرىپ كېلەي، دېدى.
[23] ئېرى ئۇنىڭغا: نېمىشقا ئۇنىڭ قېشىغا بۈگۈن بارىسەن؟ بۈگۈن يا
يېڭى ئاي يا شابات كۈنى بولمىسا، دېدى. ئايالى ئۇنىڭغا، ھەممە
ئىش تىنچلىق ــ دېدى.
[24] ئۇ ئېشەكنى توقۇتۇپ غۇلامىغا: ئىتتىك ھەيدەپ ماڭ؛ مەن
دېمىگۈچە توختىمىغىن، دېدى.
[25] شۇنىڭ بىلەن ئۇ كارمەل تېغىغا بېرىپ خۇدانىڭ ئادىمى ئالدىغا
كەلدى. ۋە شۇنداق بولدىكى، خۇدانىڭ ئادىمى ئۇنى يىراقتىنلا كۆرۈپ
ئۆز خىزمەتكارى گەھازىغا: مانا شۇنەملىك ئايال كېلىۋاتىدۇ؛ [26] سەن
ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭدىن: سىلى تىنچلىقمۇ؟ ئەرلىرى
تىنچلىقمۇ؟ باللىرى تىنچلىقمۇ؟» ــ دەپ سورىغىن، دېدى.
ھەممە ئىش تىنچلىق، دەپ ئېيتتى ئايال.
[27] ئەمدى تاغقا چىقىپ خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ
ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىدى. گەھازى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى

23:4 **«نېمىشقا ئۇنىڭ قېشىغا بۈگۈن بارىسەن؟»** ــ ئېرى بەلكىم ئايالنىڭ بېرىش مەقستىنى چۈشەنمىدى. ئېرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا «يېڭى ئاي» ياكى «شابات كۈنى» پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈش قولايلىق ۋاقىت بولاتتى. **«ھەممە ئىش تىنچلىق»** ــ ياكى «خاتىرجەم بولغىن»

24:4 **«ئىتتىك ھەيدەپ ماڭ؛ مەن دېمىگۈچە توختىمىغىن»** ــ غۇلامى بەلكىم ئېشەكنىڭ يېنىدا يۈگۈرۈپ، ئايالغا ھەمراھ بولسا كېرەك.

ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى؛ لېكىن خۇدانىڭ ئادىمى: ــ ئۇنى ئۆز
ئىختىيارىغا قويغىن؛ چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن سۇنۇق ۋە
پەرۋەردىگار بۇ ئىشنى ماڭا دېمەي يوشۇرۇپتۇ، دېدى.
28 ئايال: مەن غوجامدىن بىر ئوغۇل تىلىدىممۇ؟ ماڭا يالغان سۆز
قىلمىغىن، دەپ سەندىن ئۆتۈنمىدىممۇ؟ ــ دېدى.
29 پەيغەمبەر گەھازىغا: ــ بېلىڭنى چىڭ باغلاپ، مېنىڭ ھاسامنى
ئېلىپ ماڭغىن. بىرسىگە ئۇچرىساڭ، ئۇنىڭغا سالام قىلمىغىن،
بىرسى ساڭا سالام قىلسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىگىن. مېنىڭ
ھاسامنى بالىنىڭ يۈزىگە قويغىن، دېدى.
30 بالىنىڭ ئانىسى: پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن ۋە سېنىڭ ھاياتىڭ
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەندىن ئايرىلمايمەن، دېدى. ئېلىشا
ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.
31 گەھازى ئۇلاردىن بۇرۇن بېرىپ ھاسىسىنى بالىنىڭ يۈزىگە
قويغانىدى. ئەمما ھېچ ئاۋاز ياكى تىنىش چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
يېنىپ ئېلىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: بالا ئويغانمىدى، دېدى.
32 ئېلىشا ئۆيگە كېلىپ قارىسا، مانا، بالا ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئۆلۈك
ياتاتتى. 33 ئۇ بالا بىلەن ئۆزىنى ئايرىم قالدۇرۇپ، ئىشىكنى يېپىۋېتىپ
پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى. 34 ئاندىن ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ بالىنىڭ
ئۈستىگە ئۆزىنى قويۇپ ئاغزىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا، كۆزلىرىنى ئۇنىڭ
كۆزلىرىگە، قوللىرىنى ئۇنىڭ قوللىرىغا يېقىپ ياتتى. شۇنىڭ بىلەن

---

**28:4 «مەن غوجامدىن بىر ئوغۇل تىلىدىممۇ؟»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، بۇ ئايال ئەسلىدە ئېلىشادىن بىرەر نەرسە تىلىمەكچى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشكە زور ئىنتىزار بولسىمۇ، يەنە ئوغۇل تىلەشتىن قورقاتتى.

**28:4** 2پاد. 16:4

**29:4 «بىرسىگە ئۇچرىساڭ، ئۇنىڭغا سالام قىلمىغىن، بىرسى ساڭا سالام قىلسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىگىن»** ــ ئوتتۇرا شەرقتە يولدا كېتىۋاتقانلار بىر-بىرى بىلەن سالاملاشقاندا ئادەتتە ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى.

**29:4** لۇقا 4:10

**33:4** مات. 6:6

بالىنىڭ بەدىنى ئىسسىشقا باشلىدى. 35 ئۇ چۈشۈپ ئۆيدە ئۇ ياق-بۇ ياققا
مېڭىپ ئاندىن يەنە كارىۋاتقا چىقىپ يەنە بالىنىڭ ئۈستىگە ئېگىلدى.
ئۇ ۋاقىتتا بالا يەتتە قېتىم چۈشكۈردى، ئاندىن كۆزلىرىنى ئاچتى.
36 پەيغەمبەر گەھازىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: شۇنەملىك ئايالنى
چاقىرغىن، دېدى. ئۇ ئۇنى چاقىرىپ قويدى. ئۇ ئېلىشانىڭ يېنىغا
كەلگەندە. ئۇ ئۇنىڭغا: ئوغۇللىرىنى كۆتۈرۈپ ئالسىلا، دېدى.
37 ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۇنىڭ ئايىغى ئالدىغا يىقىلىپ دۈم ياتتى، بېشى
يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلدى. ئاندىن ئۆز ئوغلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ
كەتتى.

## ئاچارچىلىقتا بولغان مۆجىزىلەر

38 ئېلىشا گىلگالغا يېنىپ باردى. شۇ چاغدا يۇرتتا ئاچارچىلىق
بولغانىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ شاگىرتلىرى ئېلىشانىڭ يېنىدا
ئولتۇرغاندا ئۇ ئۆز خىزمەتكارىغا: سەن چوڭ قازاننى ئېسىپ
پەيغەمبەرلەرنىڭ شاگىرتلىرىغا شورپا پىشۇرۇپ بەرگىن، دېدى.
39 ئۇلاردىن بىرسى ئوتياش تەرگىلى دالاغا چىقىپ ياۋا قاپاق پېلىكىنى
تېپىپ، ئۇنىڭدىن ياۋا قاپاق ئۈزۈپ ئېتىكىنى تولدۇرۇپ كېلىپ، توغراپ
قازانغا سالدى؛ چۈنكى ئۇلار بۇلارنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.
40 ئاندىن ئۇلار يەڭلار دەپ ئادەملەرگە ئۇسۇپ بەردى. لېكىن ئۇلار
تاماقنى يېگىلى باشلىغاندا: ئى خۇدانىڭ ئادىمى، قازاندا ئۆلۈم بار،
دەپ ۋارقىراشتى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن يېيەلمىدى.
41 ئېلىشا: ئازراقىنە ئۇن ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى. ئۇ شۇنى قازانغا
تاشلاپ: خەلققە ئۇسۇپ بەرگىن، يېسۇن، دېدى. ۋە مانا، قازاندا ھېچ
زەھەر قالمىدى.

---

**35:4** 1پاد. 17:21؛ 2پاد. 8:1؛ روس. 10:20

**39:4 «ياۋا قاپاق»** ــ بىز پەرىزىمىز بويىچە شۇنداق تەرجىمە قىلدۇق. لېكىن بۇ ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى بىزگە ھازىر نامەلۇم.

**41:4** مىس. 15:25

42 ئەمدى بائال-شالىشاھدىن بىر ئادەم كېلىپ، خۇدانىڭ ئادىمىگە ئارپا ھوسۇلىنىڭ تۇنجى مېۋىسىدىن ئاش-نان، يەنى يىگىرمە ئارپا نانىنى ۋە بىر خالتا كۆك باشنى ئېلىپ كېلىۋىدى، ئۇ: خەلققە يېگىلى ئالدىغا قويغىن، دېدى.
43 ئۇنىڭ خىزمەتكارى: شۇنى بىر يۈز ئادەمنىڭ ئالدىدا قانداق قويالايمەن؟ دېدى. ئېلىشا: خەلققە يېگىلى بەرگىن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالىدۇ، دېدى.
44 شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويدى؛ ئۇلار يېدى ۋە دەل پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىدەك، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالدى.

## سۇرىيەنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى نائاماننىڭ ساقايتىلىشى

5 1 سۇرىيە پادىشاھىنىڭ قوشۇن سەردارى نائامان ئۆز غوجىسىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ قەدىرلەندى ۋە ئىززەتلەندى، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق سۇرىيەگە نۇسرەتلەر بەرگەنىدى. ئۇ باتۇر جەڭچى بولغىنى بىلەن، لېكىن ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى.
2 ئەمدى سۇرىيلەر توپ-توپ بولۇپ، بۇلاڭچىلىققا چىقىپ ئىسرائىلدىن بىر كىچىك قىزنى تۇتۇپ كەلگەنىدى؛ بۇ قىز نائاماننىڭ ئايالىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. 3 ئۇ خانىمغا: كاشكى، مېنىڭ غوجام سامارىيەدىكى پەيغەمبەرنىڭ قېشىدا بولسىدى! ئۇ ئۇنى ماخاۋ كېسىلىدىن ساقايتاتتى، دېدى.
4 نائامان بېرىپ خوجىسىغا: ــ ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدىن بولغان كىچىك قىز مۇنداق-مۇنداق ئېيتتى، دېدى.
5 سۇرىيە پادىشاھى: ياخشى! سەن بارغىن، مەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا بىر مەكتۇپ ئەۋەتىمەن، دېدى. نائامان ئون تالانت كۈمۈش

43:4 يۇھ. 9:6، 11

بىلەن ئالتە مىڭ شەكەل ئالتۇن ۋە ھەم ئون كىشىلىك كىيىمنى ئېلىپ
ئىسرائىلغا باردى.
6 ئۇ مەكتۇپنى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بەردى.
مەكتۇپتا: ــ «بۇ مەكتۇپ ساڭا يەتكەندە بىلگەيسەنكى، مەن ئۆز
خىزمەتكارىم نائاماننى سىنىڭ قېشىڭغا ماڭدۇردۇم. سەن ئۇنى
ماخاۋ كېسىلىدىن ساقايتقايسەن»، دەپ پۈتۈلگەنىدى.
7 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆز كىيىملىرىنى
يىرتىپ-يىرتىۋەتتى ۋە: ــ مەن خۇدامۇ؟ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ھەم
تىرىلدۈرەلەيمەنمۇ؟ نېمىشقا ئۇ كىشى: ــ بۇ ئادەمنى ماخاۋ
كېسىلىدىن ساقايتقىن، دەپ ھاۋالە قىلىدۇ؟ قېنى، ئويلىنىپ
كۆرۈڭلار، ئۇ دەرۋەقە مەن بىلەن جەڭ قىلغىلى باھانە ئىزدەيدۇ، دېدى.
8 ۋە شۇنداق بولدىكى، خۇدانىڭ ئادىمى ئېلىشا ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھىنىڭ ئۆز كىيىملىرىنى يىرتقىنىنى ئاڭلىغاندا، پادىشاھقا
ئادەم ئەۋەتىپ: نېمىشقا ئۆز كىيىملىرىڭنى يىرتتىڭ؟ ئۇ كىشى ھازىر
بۇ يەرگە كەلسۇن، ئاندىن ئۇ ئىسرائىلدا بىر پەيغەمبەر بار ئىكەن دەپ
بىلىدۇ، دېدى.
9 نائامان ئاتلىرى ۋە جەڭ ھارۋىسى بىلەن كېلىپ، ئېلىشانىڭ ئۆيىنىڭ
ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. 10 ئېلىشا بىر خەۋەرچىنى ماڭدۇرۇپ
نائامانغا: ــ بېرىپ ئىئوردان دەرياسىدا يەتتە قېتىم يۇيۇنۇپ كەلگىن؛
شۇنداق قىلساڭ ئەتلىرىڭ ئەسلىگە كېلىپ پاكىز بولىسەن، دېدى.
11 لېكىن نائامان ئاچچىقلىنىپ يېنىپ كېلىپ: ــ مانا، ئۇ چوقۇم
چىقىپ، مېنىڭ بىلەن كۆرىشىدۇ، ئۆرە تۇرۇپ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ
نامىغا نىدا قىلىپ، يارا جايىنىڭ ئۈستىدە قولىنى سىلىكىپ، ماخاۋ
كېسىلىنى ساقايتىدۇ، دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم. 12 دەمەشقنىڭ
دەريالىرى، يەنى ئابارنا بىلەن فارپار دەرياسىنىڭ سۇلىرى

---

5:5 **«ئون تالانت كۈمۈش»** ــ بىر تالانت بەلكىم 30.6 كىلوگرام ئىدى، شۇڭا بۇ 306 كىلوگرام كۈمۈش ئىدى. «ئالتە مىڭ شەكەل ئالتۇن» ــ 70 كىلوگرامچە بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**7:5** قان. 39:32؛ 1سام. 6:2

**ئىسرائىلنىڭ ھەممە سۇلىرىدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇلاردا**
**يۇيۇنسام پاكىز بولمامدىمەن؟ ــ دېدى. ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ بۇرۇلۇپ**
**يولغا چىقتى.**
**[13] لېكىن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: ــ ئى ئاتام،**
**ئەگەر پەيغەمبەر سىلىگە ئېغىر بىر ئىشنى تاپىلىغان بولسا،**
**قىلماسمىدىلا؟ ئۇنداق بولغان يەردە، ئۇ سىلىگە سۇغا چۈشۈپ**
**يۇيۇنۇپ، پاكىز بولىسىلا، دېگەن بولسا شۇنداق قىلماملا؟ ــ دېيىشتى.**
**[14] شۇڭا ئۇ چۈشۈپ، خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ سۆزىگە بىنائەن ئىئوردان**
**دەرياسىدا يەتتە قېتىم چۆمۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېتى**
**پاكلىنىپ، كىچىك بالىنىڭ ئېتىدەك بولۇپ ساقايدى.**
**[15] شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق ھەمراھلىرى بىلەن خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ**
**قېشىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: ــ مانا ئەمدى پۈتكۈل**
**يەر يۈزىدە ئىسرائىلدىن باشقا يەردە خۇدا يوق ئىكەن، دەپ بىلىپ**
**يەتتىم؛ ئەمدى ھازىر، ئۆز كەمىنەڭدىن بىر سوۋغاتنى قوبۇل قىلغىن،**
**دېدى.**
**[16] لېكىن ئېلىشا: مەن خىزمىتىدە تۇرۇۋاتقان پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى**
**بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھېچ نېمىنى قوبۇل قىلماسمەن، دېدى.**
**نائامان تولا چىڭ تۇرۇۋالسىمۇ، ھېچ قوبۇل قىلمىدى.**
**[17] ئاندىن نائامان مۇنداق دېدى: ــ ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ،**
**كەمىنەڭگە توپىدىن ئىككى قېچىر يۈك بېرىلسۇن؛ چۈنكى**
**كەمىنەڭ بۇندىن كېيىن پەرۋەردىگاردىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھلارغا**
**كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى ئىناقلىق قۇربانلىقىنى كەلتۈرمەيدۇ.**
**[18] لېكىن پەرۋەردىگار كەمىنەڭنىڭ شۇ بىر ئىشنى كەچۈرۈم قىلغاي:**
**غوجامنىڭ ئۆزى رىممونىنىڭ بۇتخانىسىغا سەجدە قىلماق ئۈچۈن**

---

**14:5** لۇقا 27:4

**17:5** **«ئىناقلىق قۇربانلىقى»** ــ ياكى پەقەت «قۇربانلىق». ئادەتتە بۇ سۆز «ئىناقلىق قۇربانلىقى» ياكى «تەشەككۇر قۇربانلىقى»نى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ توپىنى تەلەپ قىلىشى بەلكىم ئىسرائىلدىكى شۇ توپا (قۇربانگاھ سۇپىتىدە) ئۈستىدە ئۆز قۇربانلىقلىرىنى قىلماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

كىرگەندە، مېنىڭ قولۇمغا يۆلەنسە مەن رىممونىنىڭ بۇتخانىسىدا
تىز پۈكسەم، مۇشۇ ئامالسىز تىز پۈككىنىم ئۈچۈن پەرۋەردىگار مەن
كەمىنەڭنى كەچۈرگەي، دېدى.
[19] ئېلىشا ئۇنىڭغا: ــ سەن ئامان-خاتىرجەملىكتە كەتكىن، دېدى. ئۇ
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئازغىنە يول ماڭدى. [20] لېكىن خۇدانىڭ ئادىمى
ئېلىشانىڭ خىزمەتكارى گەھازى كۆڭلىدە: ــ مانا، ئۇ سۇرىيەلىك
نائامان ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىدىن غوجام ھېچنېمىنى ئالماي،
ئۇنى بىكار كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ،
ئۇنىڭدىن ئازراق بىر نەرسە ئالاي، دەپ ئويلىدى. [21] شۇنى دەپ گەھازى
نائاماننىڭ كەينىدىن باردى. نائامان بىر كىمنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ
كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ھارۋىسىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
[22] ئۇ: ــ تىنچلىق، ــ دېدى، ــ ئەمما غوجام مېنى ماڭدۇرۇپ: مانا ئەمدى
ئەفرائىم تاغلىقىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىككى
يىگىت قېشىمغا كەلدى. بۇلارغا بىر تالانت كۈمۈش بىلەن ئىككى
كىشىلىك كىيىم بەرسىلە، دەپ ئېيتتى، ــ دېدى.
[23] نائامان: ــ ئىككى تالانت كۈمۈشنى قوبۇل قىلغىن، دەپ ئۇنى زورلاپ
ئىككى تالانت كۈمۈشنى ئىككى خالتىغا چېگىپ، ئىككى كىشىلىك
كىيىمنى چىقىرىپ بەردى. بۇلارنى نائامان غۇلاملىرىدىن ئىككى
يىگىتكە يۈدكۈزدى؛ ئۇلار گەھازىنىڭ ئالدىدا بۇلارنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.
[24] ئۇ تۆرغان دۆڭگە يەتكەندە بۇلارنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن ئېلىپ
ئۆيگە تىقىپ قويدى؛ ئاندىن بۇ ئادەملەرنى كەتكۈزۈۋەتتى. [25] ئاندىن
ئۇ غوجىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ تۇردى. ئېلىشا ئۇنىڭدىن: ــ ئى
گەھازى، نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ: قۇلۇڭ
ھېچيەرگە بارمىدى، ــ دېدى.
[26] ئېلىشا ئۇنىڭغا: ــ شۇ كىشى ھارۋىسىدىن چۈشۈپ، كەينىگە

18:5 **«رىممون»** ــ سۇرىيەنىڭ «بوران چىقارغۇچى بۇت»ى ئىدى.

يېنىپ، سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەندە، مېنىڭ روھىم شۇ چاغدا
سېنىڭ بىلەن بىرگە بارغان ئەمەسمۇ؟ بۇ پەيت كۈمۈش بىلەن كىيىم،
زەيتۇن باغلىرى بىلەن ئۈزۈمزارلار، قوي بىلەن كالا، مالايلار بىلەن
كېنىزەكلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىتمۇ؟ [27] لېكىن ھازىر نائاماننىڭ
ماخاۋ كېسىلى ساڭا ھەم نەسلىڭگە مەڭگۈگە چاپلىشىدۇ، ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېلىشانىڭ قېشىدىن چىققاندا قاردەك ئاق ماخاۋ
بولۇپ قالدى.

## پالتىنىڭ بېشىنى سۇ ئۈستىدە لەيلىتىشى

6 [1] پەيغەمبەرلەرنىڭ شاگىرتلىرى ئېلىشاغا: ــ مانا بىزگە سېنىڭ
ئالدىڭدا تۇرۇۋاتقان يېرىمىز تار كەلدى. [2] ئىئوردان دەرياسىنىڭ
بويىغا بېرىپ، ھەربىرىمىز بىردىن ياغاچ ئېلىپ، شۇ يەردە تۇرىدىغانغا
بىر تۇرالغۇ ئۆي ياسايلى، ــ دېدى.
بېرىڭلار، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.
[3] ئۇلارنىڭ بىرى يەنە: ــ ئىلتىپات قىلىپ قەمىنلىرىڭ بىلەن بىرگە
بارغىن، دېدى. ئۇ: ــ بىللە باراي، دېدى.
[4] ئۇ ئۇلار بىلەن ماڭدى. ئۇلار ئىئوردان دەرياسىغا بېرىپ، دەرەخ
كېسىشكە باشلىدى. [5] لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى دەرەخ كېسىۋاتقاندا
پالتىنىڭ بېشى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ۋارقىراپ: ــ ۋاي غوجام، بۇ
ئۆتنە ئالغان پالتا ئىدى، دېدى.
[6] خۇدانىڭ ئادىمى: نەگە چۈشتى، دەپ سورىدى. ئۇ چۈشكەن يەرنى
كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ بىر شاخنى كېسىپ، ئۇنى سۇغا تاشلىۋىدى،
پالتىنىڭ بېشى لەيلەپ چىقتى.
[7] ئۇ: ئۇنى قولۇڭغا ئالغىن، دېۋىدى، ئۇ كىشى قولىنى ئۇزۇتۇپ ئۇنى
تۇتۇۋالدى.

---

27:5 چۆل. 10:12؛ 2تار. 19:26، 20

## ئېلىشا پۇتۇن بىر قوشۇننى مەغلۇپ قىلدۇ

8 سۇرىيەنىڭ پادىشاھى ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز
خىزمەتكارلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پالانچى-پوكۇنچى يەردە
بارگاھ تىكىمەن، دەپ بېكىتەتتى.
9 خۇدانىڭ ئادىمى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا خەۋەر ئەۋەتىپ: ــ
سەن پالانچى-پوكۇنچى يەرگە بېرىشتىن ئېھتىيات قىلغىن، چۈنكى
سۇرىيىلەر ئۇ يەرگە چۈشمەكچى، دېدى.
10 ئۇ ۋاقىتلاردا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى خۇدانىڭ ئادىمى ئۆزىگە
كۆرسەتكەن جايغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى ئادەملىرىگە ئېھتىيات
قىلىشنى ئاگاھلاندۇردى. بۇنداق ئىش بىرقانچە قېتىم بولدى.
11 بۇنىڭ سەۋەبىدىن سۇرىيەنىڭ پادىشاھى كۆڭلىدە قاتتىق
ئاچچىقلىنىپ، ئۆز خىزمەتكارلىرىنى چاقىرىپ ئۇلاردىن: ــ ئاراڭلاردىن
كىمنىڭ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى تەرىپىدە تۇرىدىغانلىقىنى ماڭا
كۆرسىتىپ بەرمەمسىلەر؟! ــ دەپ سورىدى.
12 لېكىن خىزمەتكارلىرىنىڭ بىرى: ــ ئى غوجام پادىشاھ ئۇنداق
ئەمەس؛ بەلكى ئىسرائىلدا تۇرىدىغان ئېلىشا دېگەن پەيغەمبەر سەن
ياتاقان ھۇجراڭدا قىلغان سۆزلىرىڭنى ئىسرائىل پادىشاھىغا ئېيتىپ
بېرىدۇ، ــ دېدى.
13 ئۇ: بېرىپ ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى پايلاپ كېلىڭلار، مەن ئادەم
ماڭدۇرۇپ ئۇنى تۇتۇپ كېلەي، دېدى. ئۇلار: ــ ئۇ دوتان شەھىرىدە
ئىكەن، دەپ خەۋەر قىلدى.
14 شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ يەرگە ئاتلىقلار، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە زور
بىر قوشۇننى ماڭدۇردى. ئۇلار كېچىسى يېتىپ كېلىپ شەھەرنى
قورشىۋالدى.

---

8:6 **«...مەسلىھەتلىشىپ، پالانچى-پوكۇنچى يەردە بارگاھ تىكىمەن، دەپ بېكىتەتتى»**
ــ ياكى «... مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ پالانچى-پوكۇنچى جايدا ھۇجۇم قىلغايلا، دېدى»
10:6 **«بىرقانچە قېتىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بىر قېتىم، ئىككى قېتىم ئەمەس» دېگەن سۆزلەر
بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

15 خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ مالىيى سەھەردە تۇرۇپ چىقسا، مانا، بىر ئاتلىقلار ۋە جەڭ ھارۋىلىرى قوشۇنى شەھەرنى قورشىۋالغانىدى. مالاي ئۇنىڭغا: ئاپلا، ئى غوجام، قانداق قىلارمىز؟ ــ دېدى.
16 لېكىن ئۇ: قورقمىغىن؛ مانا بىز بىلەن بىرگە بولغانلار ئۇلار بىلەن بىرگە بولغانلاردىن كۆپتۇر، دېدى. 17 ئەمدى ئېلىشا دۇئا قىلىپ: ئى پەرۋەردىگار، مالايىمنىڭ كۆزلىرىنى كۆرەلەيدىغان قىلىپ ئاچقايسەن، دېدى. ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار يىگىتنىڭ كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە ئۇ ئەينى ئەھۋالنى كۆردى؛ مانا، پۈتكۈل تاغ ئېلىشانى چۆرىدەپ تۇرغان يالقۇنلۇق ئات ۋە جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن تولغانىدى.
18 سۇرىيلەر چۈشۈپ ئۇ تەرەپكە كەلگەندە، ئېلىشا پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ: بۇ خەلقنى كورلۇق بىلەن ئۇرغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېلىشانىڭ تىلىكى بويىچە ئۇلارنى كورلۇق بىلەن ئۇردى.
19 ئېلىشا ئۇلارغا: بۇ سىلەر ئىزدىگەن يول ئەمەس ۋە سىلەر ئىزدىگەن شەھەر ئەمەس؛ مېنىڭ كەينىمدىن ئەگىشىڭلار، سىلەرنى سىلەر ئىزدىگەن ئادەمنىڭ قېشىغا باشلاپ باراي، دەپ ئۇلارنى سامارىيەگە باشلاپ باردى. 20 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلار سامارىيەگە كىرگەندە ئېلىشا: ئى پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كۆرەلەيدىغان قىلىپ ئاچقايسەن، دېدى. پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچتى؛ ۋە مانا، ئۇلار سامارىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى.
21 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۇلارنى كۆرگەندە ئېلىشادىن: ئى ئاتام، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ؟ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ؟ دەپ سورىدى.
22 ئۇ: ــ سەن ئۇلارنى ئۆلتۈرمە؛ ھەتتا ئۆزۈڭ قىلىچ ۋە ئوقيايىڭ بىلەن ئەسىر قىلغانلىرىڭنى ئۆلتۈرمەيدىغان يەردە، بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولامتى؟ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا نان، سۇ قويغىن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەپ-ئىچىپ ئۆز غوجىسىغا يېنىپ كەتسۇن، دېدى.

22:6 **«...بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولامتى؟»** ــ دېمەك، سەن ئۆزۈڭ مۇشۇ سۇرىيلەرنى ئەسىرگە تۇتقان ئەمەسسەن؛ ھەتتا ئۇلارنى شۇنداق تۇتقان بولساڭمۇ، ئۇ چاغدا (كونا «ئۇرۇش ئەخلاقى» بويىچە) ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيتتىڭ.

23 شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇلارغا چوڭ زىياپەت بەردى؛ ئۇلار يەپ-ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى يولغا سالدى. ئۇلار غوجىسىنىڭ يېنىغا قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇرىيەدىن بۇلاڭچىلار شايكىلىرى ئىسرائىلنىڭ زېمىنىغا قايتا بېسىپ كىرمىدى.

## پەرۋەردىگار سامارىيەنى قۇتقۇزىدۇ

24 كېيىن شۇنداق بولدىكى، سۇرىيەنىڭ پادىشاھى بەن-ھاداد پۈتكۈل قوشۇنىنى يىغىپ سامارىيەنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 25 شۇنىڭ بىلەن سامارىيەدە زور ئاچارچىلىق بولدى. ئۇلار ئۇنى شۇنچە ئۇزۇن قامال قىلدىكى، بىر ئېشەك بېشى سەكسەن شەكەل كۈمۈشكە، ۋە كەپتەر مايىقىنىڭ بىر چىنىسىنىڭ تۆتتىن بىرى بەش شەكەل كۈمۈشكە يارايتتى. 26 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى سېپىلنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەندە، بىر ئايال ئۇنىڭغا: ئى غوجام پادىشاھ، ياردەم بەرگىنە! دەپ پەرياد كۆتۈردى.
27 ئۇ: ئەگەر پەرۋەردىگار ساڭا ياردەم بەرمىسە، مەن ساڭا قانداق ياردەم قىلاي؟ يا خاماندىن يا ئۈزۈم كۆلچىكىدىن ياردەم تېپىلامدۇ؟، ــ دېدى.
28 پادىشاھ ئەمدى ئۇنىڭدىن يەنە: نېمە دەردىڭ بار؟ دەپ سورىدى.
ئۇ: مانا بۇ خوتۇن ماڭا: ئوغلۇڭنى بەرگىن، بىز ئۇنى بۈگۈن يەيلى. ئەتە بولسا مېنىڭ ئوغلۇمنى يەيمىز، دېدى. 29 ئۇ ۋاقىتتا بىز مېنىڭ ئوغلۇمنى قايىنىتىپ پىشۇرۇپ يېدۇق. ئەتىسى مەن ئۇنىڭغا: ئەمدى سەن ئوغلۇڭنى بەرگىن، ئۇنى يەيلى دېسەم، ئۇ ئۆز ئوغلىنى يوشۇرۇپ قويدى، ــ دېدى.
30 پادىشاھ ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كىيىملىرىنى يىرتىپ-يىرتىۋەتتى. ئۇ سېپىلدا كېتىۋاتقاندا، خەلق ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ ئىچىگە، يەنى

---

25:6 **«سەكسەن شەكەل»** ــ 900 گرام، «بەش شەكەل» 55 گرام بولاتتى. مۇشۇ يەردىكى «بىر چىنىنىڭ تۆتتىن بىرى»نىڭ ھەجمى بەلكىم 0.25 لىترچە ئىدى. «چىنە» ئىبرانىي تىلىدا «كاب» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
**29:6** قان. 53:28

ئېتىگە بۆز كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.
[31] پادىشاھ: ــ ئەگەر شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانىڭ بېشى بۈگۈن
تېنىدە قالسا، خۇدا مېنىڭ بېشىمنى ئالسۇن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق
جازالىسۇن! ــ دېدى.
[32] ئەمما ئېلىشا ئۆز ئۆيىدە ئولتۇراتتى؛ ئاقساقاللارمۇ ئۇنىڭ
بىلەن بىللە ئولتۇرغانىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئادەمنى
ماڭدۇرغانىدى. لېكىن ئۇ خەۋەرچى ئۇ يەرگە يېتىپ بارمايلا، ئېلىشا
ئاقساقاللارغا: ــ مانا بۇ جاللاتنىڭ بالىسىنىڭ بېشىمنى ئالغىلى
ئادەم ماڭدۇرغانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئەمدى خەۋەرچى كەلگەندە
ئىشىكنى چىڭ تاقاپ ئېچىدىن تىرىۋېلىڭلار. مانا ئۇنىڭ كەينىدىن
كەلگەن غوجىسىنىڭ قەدىمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟ ــ دېدى.
[33] ئۇ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، مانا خەۋەرچى ئۇنىڭ قېشىغا
چۈشۈپ كېلىپ: «پادىشاھ: «مانا بۇ بالايىئاپەتنىڭ ئۆزى پەرۋەردىگار
تەرىپىدىن كەلدى؛ مەن زادى نېمە دەپ پەرۋەردىگارغا يەنە ئۈمىد
باغلىيالارمەن؟» دەيدۇ، دېدى.

# 7

[1] ئېلىشا: پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار! پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ ئەتە مۇشۇ ۋاقىتلاردا سامارىيەنىڭ دەرۋازىسىدا بىر خالتا ئاق
ئۇن بىر شەكەلگە ۋە ئىككى خالتا ئارپا بىر شەكەلگە سېتىلىدۇ، ــ دېدى.
[2] ئەمما پادىشاھ بىلىكىنى تۇتۇپ ماڭغان قوشۇن ئەمەلدارى بولسا،

---

31:6 **«ئەگەر شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانىڭ بېشى بۈگۈن تېنىدە قالسا...»** ــ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى (يورام، 8-بابنى كۆرۈڭ) نېمىشقا ئېلىشاغا شۇنداق ئۆچ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ پادىشاھنى بۇتپەرەسلىكى (3:3نى كۆرۈڭ) ئۈچۈن دائىم ئەيىبلىگەچكە، ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى؛ ئېلىشا يەنە، بۇ بالايىئاپەتلەر دەل بۇتپەرەسلىكىمىزدىن بېشىمىزغا چۈشكەن، دەپ ئاگاھ بەرگەن بولسا كېرەك.
**31:6** 1پاد. 2:19
33:6 **«خەۋەرچى ئۇنىڭ قېشىغا چۈشۈپ كېلىپ: «پادىشاھ: «مانا بۇ بالايىئاپەتنىڭ ئۆزى... يەنە ئۈمىد باغلىيالارمەن؟» دەيدۇ، دېدى»** ــ خەۋەرچى، شۈبھىسىزكى، پادىشاھنىڭ ئۆز سۆزلىرىنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ.
1:7 **«خالتا»** ــ مۇشۇ ئايەتتە «خالتا» (ئىبراني تىلىدا «سېئاھ») تەخمىنەن 4 لىترچە كېلىدۇ.

خۇدانىڭ ئادىمىگە: مانا، ھەتتا پەرۋەردىگار ئاسمانغا تۈڭلۈك
ئاچسىمۇ، ئۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟! دېدى. ئۇ: ــ سەن ئۆز
كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن، لېكىن شۇنىڭدىن يېمەيسەن، دېدى.
[3] ئەمدى دەرۋازىنىڭ تۈۋىدە تۆت ماخاۋ كېسىلى بار ئادەم ئولتۇراتتى.
ئۇلار بىر-بىرىگە: نېمە ئۈچۈن مۇشۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرىمىز؟
[4] شەھەرگە كىرەيلى دېسەك، شەھەردە ئاچارچىلىق بولغاچقا، ئۇ
يەردە ئۆلىمىز؛ بۇ يەردە ئولتۇرساقمۇ ئۆلىمىز. قوپۇپ سۇرىيىلەرنىڭ
لەشكەرگاھىغا كېتەيلى. ئۇلار بىزنى ئايىسا تىرىك قالىمىز؛ بىزنى
ئۆلتۈرەيلى دېسە ئۆلىمىز، خالاس، ــ دېيىشتى.
[5] شۇنى دەپ ئۇلار كەچقۇرۇن سۇرىيىلەرنىڭ لەشكەرگاھىغا بارغىلى
قوپتى. لەشكەرگاھنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، مانا ھېچ كىشى
يوق ئىدى. [6] چۈنكى رەب سۇرىيىلەرنىڭ لەشكەرگاھىغا جەڭ ھارۋىلىرى،
ئاتلار ۋە زور چوڭ قوشۇننىڭ ساداسىنى ئاڭلاتقانىدى. شۇنى ئاڭلاپ ئۇلار
بىر-بىرىگە: مانا، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىشەك ھىتتىيلارنىڭ
پادىشاھلىرىنى ۋە مىسىرلىقلارنىڭ پادىشاھلىرىنى ئۈستىمىزگە
ھۇجۇم قىلغىلى ياللىۋاپتۇ، دېيىشتى؛ [7] كەچقۇرۇن قوزغىلىپ
چېدىرلىرىنى، ئات بىلەن ئېشەكلىرىنى تاشلاپ لەشكەرگاھنى شۇ
پېتى قويۇپ، ئۆز جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەدەر قاچقانىدى.
[8] ماخاۋ كېسىلى بار ئادەملەر لەشكەرگاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر
چېدىرغا كىرىپ، يەپ-ئىچىپ ئۇنىڭدىن كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى ۋە
كىيىملەرنى ئېلىپ يوشۇرۇپ قويۇشتى. ئاندىن ئۇلار يېنىپ كېلىپ، يەنە
بىر چېدىرغا كىرىپ ئۇ يەردىكى ئولجىنىمۇ ئېلىپ يوشۇرۇپ قويۇشتى.
[9] ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىگە: بىزنىڭ بۇنداق قىلغىنىمىز دۇرۇس
ئەمەس. بۈگۈن قۇتلۇق خەۋەر بار كۈندۇر، لېكىن بىز تىنماي
تۇرۇۋاتىمىز. سەھەرگىچە قالساق بۇ يامانلىق بېشىمىزغا چۈشىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى بېرىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكىلەرگە بۇ

---

**3:7** لاۋ. 46:13
**6:7** يەش. 4:13

خەۋەرنى يەتكۈزەيلى، دېدى. [10] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بېرىپ شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىكى پاسىبانلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا: بىز سۇرىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىغا چىقساق، مانا ھېچكىم يوق ئىكەن، ھەتتا ئادەمنىڭ شەپەسىمۇ يوقتۇر؛ بەلكى ئاتلار باغلاقلىق، ئېشەكلەر باغلاقلىق بولۇپ، چېدىرلار ئەينى پېتى تۇرىدۇ، دېدى.
[11] دەرۋازىدىكى پاسىبانلار شۇ خەۋەرنى توۋلاپ ئېلان قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا خەۋەر يەتكۈزدى.
[12] پادىشاھ كېچىسى قوپۇپ خىزمەتكارلىرىغا: ــ مەن سۇرىيلەرنىڭ بىزگە نېمە قىلماقچى بولغىنىنى سىلەرگە دەپ بېرەي. ئۇلار بىزنىڭ ئاچارچىلىقتا قالغىنىمىزنى بىلىپ، لەشكەرگاھدىن چىقىپ دالادا مۆكۈنۈۋېلىپ: ــ ئىسرائىللار شەھەردىن چىقسا، بىز ئۇلارنى تىرىك تۇتۇپ، ئاندىن شەھەرگە كىرەلەيمىز، دېيىشكەن گەپ، دېدى.
[13] خىزمەتكارلىرىدىن بىرى جاۋاب بېرىپ: ــ بىرنەچچە كىشىنى شەھەردە قالغان ئاتلاردىن بەشنى ئېلىپ (ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى بۇ يەردە قالغان ئىسرائىلنىڭ بارلىق كىشىلىرىنىڭكىدىن، ھەتتا ھالاك بولغانلارنىڭكىدىن بەتتەر بولمايدۇ!)، ئۇلارنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتەيلى، دېدى.
[14] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككى جەڭ ھارۋىسى بىلەن ئۇلارغا قاتىدىغان ئاتلارنى تەييار قىلدى. پادىشاھ ئۇلارنى سۇرىيلەرنىڭ قوشۇنىنىڭ كەينىدىن ئەۋەتىپ: ــ بېرىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى.
[15] بۇلار ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئىئوردان دەرياسىغىچە قوغلاپ باردى؛ ۋە مانا، پۈتكۈل يول بويى سۇرىيلەر ئالدىراپ قاچقاندا تاشلىۋەتكەن كىيىم-كېچەك ۋە ھەرخىل ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر بىلەن تولغانىدى. ئەلچىلەر يېنىپ كېلىپ پادىشاھقا شۇنى خەۋەر قىلدى.
[16] ئۇ ۋاقىتتا خەلق چىقىپ سۇرىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىدىن ئولجىلارنى تالىدى؛ شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزىدەك، بىر خالتا ئاق ئۇن بىر شەكەلگە، ئىككى خالتا ئارپا بىر شەكەلگە سېتىلدى.
[17] ئەمدى پادىشاھ بىلىكىنى تۇتۇپ ماڭغان ھېلىقى ئەمەلدارنى

دەرۋازىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ قويغانىدى. ئەمدى خالايىق دەرۋازىدىن ئۆتۈپ كىرىۋاتقاندا ئىتتىرىشىپ چىققاندا ئۇنى دەسسەپ-چەيلىۋەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلدى. بۇ ئىش پادىشاھ خۇدانىڭ ئادىمىنى تۇتماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا، دەل ئېلىشا ئېيتقاندەك بولدى. [18] شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ ئادىمى پادىشاھقا ئېيتقان شۇ سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى: «ئەتە مۇشۇ ۋاقىتلاردا سامارىيەنىڭ دەرۋازىسىدا ئىككى خالتا ئارپا بىر شەكەلگە ۋە بىر خالتا ئاق ئۇن بىر شەكەلگە سېتىلىدۇ».
[19] ئەمما ھېلىقى ئەمەلدار خۇدانىڭ ئادىمىگە: ــ «مانا، ھەتتا پەرۋەردىگار ئاسمانغا تۈڭلۈك ئاچسىمۇ، ئۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟!» دېگەنىدى. ئۇ: ــ «سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن، لېكىن شۇنىڭدىن يېمەيسەن»، دېگەنىدى.
[20] ئۇنىڭغا ھەم دەل شۇنداق بولدى؛ چۈنكى خەلق ئۇنى دەرۋازىدا دەسسەپ ئۆلتۈرگەنىدى.

## ئېلىشا يەنە بىر قېتىم شۇنەملىك ئايالغا ياردەم بېرىدۇ

8 [1] ئېلىشا ئۆزى ئوغلىنى تىرىلدۈرگەن ئايالغا نەسىھەت قىلىپ: ــ سەن ۋە ئۆز ئۆيدىكىلىرىڭ بىلەن بېرىپ، قەيەردە ئولتۇرغۇدەك جاي تاپساڭ، ئۇ يەردە تۇرغىن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار: ــ ئاچارچىلىق بولسۇن، دەپ بېكىتتى. بۇ ئاچارچىلىق زېمىندا يەتتە يىلغىچە تۈگىمەيدۇ، دېدى.
[2] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال خۇدانىڭ ئادىمى ئېيتقاندەك ئۆز ئۆيدىكىلىرى بىلەن بېرىپ، فىلىستىيلەرنىڭ يۇرتىدا يەتتە يىلغىچە تۇردى.
[3] ۋە شۇنداق بولدىكى، يەتتە يىل ئۆتكەندە، ئايال فىلىستىيلەرنىڭ يۇرتىدىن يېنىپ كەلدى؛ ئۇ پادىشاھتىن ئۆيى بىلەن زېمىنىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغىلى باردى. [4] شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ خىزمەتكارى گەھازى بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭغا:

1:8 2پاد. 34:4

ـ ئېلىشا قىلغان ھەممە ئۇلۇغ ئەمەللەرنى ماڭا بايان قىلىپ بەرگىن،
دەۋاتاتتى. 5 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ پادىشاھقا ئېلىشانىڭ قانداق
قىلىپ بىر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكىنى دەپ بېرىۋاتقاندا، ئېلىشا
ئوغلىنى تىرىلدۈرگەن شۇ ئايال پادىشاھتىن ئۆز ئۆيى ۋە زېمىنىنى
قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغىلى كەلدى. گەھازى: ـ ئى
پادىشاھ غوجام، مانا، بۇلار مەن ئېيتقان ئايال ۋە ئېلىشا ئۆلۈمدىن
تىرىلدۈرگەن ئوغلى دەل شۇ، دېدى.
6 پادىشاھ ئايالدىن سورىۋىدى، ئۇ شۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىر ئاغۋاتنى بەلگىلەپ: ـ ئۇنىڭ ھەممە
تەئەللۇقاتلىرىنى ياندۇرۇپ بەرگىن ۋە شۇنىڭدەك ئۆز يۇرتىدىن
كەتكەن كۈندىن تارتىپ بۇ ۋاقىتقىچە يېرىدىن چىققان ھوسۇلنىڭ
بارلىق كىرىمىنى ئۇنىڭغا بەرگىن، دېدى.

## ئېلىشا ھازائەل بىلەن كۆرۈشىدۇ

7 ئەمدى ئېلىشا سۇرىيەنىڭ پادىشاھى بەن-ھاداد كېسەل
ياتقىنىدا دەمەشققە كەلدى. پادىشاھقا: خۇدانىڭ ئادىمى بۇ يەرگە
كەلدى، دەپ خەۋەر بېرىلدى. 8 پادىشاھ ھازائەلگە: ـ ئۆزۈڭ بىر
سوۋغا ئېلىپ، خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن
كۆرۈشۈپ، ئۇ ئارقىلىق پەرۋەردىگاردىن مېنىڭ توغرامدا: «ئۇ بۇ
كېسەلدىن ساقىيامدۇ، ساقايمايدۇ» دەپ سورىغىن، ـ دېدى.
9 شۇنىڭ بىلەن ھازائەل ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە باردى. ئۇ ئۆزى بىلەن
دەمەشقتىكى ھەرخىل ئېسىل ماللاردىن قىرىق تۆگە سوۋغا ئېلىپ، ئۇنىڭ
ئالدىغا بېرىپ: «ئوغلۇڭ سۇرىيەنىڭ پادىشاھى بەن-ھاداد مېنى ئەۋەتىپ،
بۇ كېسەلدىن ساقىيەمەنمۇ، ساقايمايمەنمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ـ دېدى.
10 ئېلىشا ئۇنىڭغا: ـ بېرىپ ئۇنىڭغا: ـ چوقۇم ساقىيىسەن، دەپ
ئېيتقىن. لېكىن پەرۋەردىگار ماڭا قانداقلا بولمىسۇن ئۇ چوقۇم
ئۆلىدۇ، دەپ ۋەھيي قىلدى، دېدى.

8:8 1پاد. 2:14، 3؛ 2پاد. 2:1

11 خۇدانىڭ ئادىمى تاكى ھازائەل خىجىل بولۇپ كەتكۈچە ئۇنىڭغا
تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئاندىن خۇدانىڭ ئادىمى يىغلاشقا باشلىدى.
12 ھازائەل: ــ غوجام نېمىشقا يىغلايلا! دەپ سورىدى. ئۇ: ــ مەن
سېنىڭ ئىسرائىللارغا قىلىدىغان يامان ئىشلىرىڭنى بىلىمەن؛
چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ قورغانلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يىگىتلىرىنى
قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇششاق بالىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ،
ھامىلىدار ئاياللىرىنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىسەن، دېدى.
13 ھازائەل: ــ مەنكى ئىتتەك بىر قۇلۇڭ نېمە ئىدىم، ئۇنداق
ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالامتىم؟ ئېلىشا: ــ پەرۋەردىگار ماڭا سېنىڭ
سۈرىيەنىڭ پادىشاھى بولىدىغانلىقىڭنى مەلۇم قىلدى، دېدى.
14 ئۇ ئېلىشانىڭ قېشىدىن چىقىپ غوجىسىنىڭ يېنىغا باردى. بەن-
ھاداد ئۇنىڭدىن: ــ ئېلىشا ساڭا نېمە دېدى، دەپ سورىدى. ئۇ: ــ ئۇ ماڭا
سىلىنىڭ توغرىلىرىدا، چوقۇم ساقىيىدۇ، دەپ ئېيتتى، دېدى.
15 ئەتىسى ھازائەل بىر پارچە بۆزنى ئېلىپ، سۇغا چىلاپ پادىشاھنىڭ
يۈزىنى ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلدى؛ ۋە ھازائەل ئۇنىڭ ئورنىدا
پادىشاھ بولدى.

## يەھوشافاتنىڭ ئوغلى يەھورام يەھۇدانىڭ پادىشاھى بولۇشى ئاتىسى بىلەن

2تار. 21:2-20

16 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى، ئاھابنىڭ ئوغلى يورامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ
بەشىنچى يىلىدا، يەھوشافات تېخى يەھۇدانىڭ پادىشاھى ۋاقتىدا،

---

12:8 2پاد. 10:32؛ 12:17؛ 13:7

يەھوشافاتنىڭ ئوغلى يەھورام يەھۇدانىڭ پادىشاھى بولدى. [17] ئۇ
پادىشاھ بولغاندا ئوتتۇز ئىككى ياشتا بولۇپ، يېرۇسالېمدا سەككىز
يىل سەلتەنەت قىلدى. [18] ئۇ ئاھابنىڭ جەمەتى قىلغاندەك ئىسرائىل
پادىشاھلىرىنىڭ يولىدا يۈردى (چۈنكى ئۇنىڭ ئايالى ئاھابنىڭ
قىزى ئىدى)؛ ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى.
[19] لېكىن پەرۋەردىگار داۋۇتقا: ــ سېنىڭ بىلەن ئوغۇللىرىڭغا «مەڭگۈ
ئۆچمەيدىغان چىراغ» بېرىمەن دېگەن ۋەدىسى تۈپەيلىدىن ئۇ
يەھۇدانى خاراب قىلىشنى خالىمىدى.
[20] ئۇنىڭ كۈنلىرىدە ئېدوم يەھۇدانىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئىسيان
كۆتۈرۈپ، ئازاد بولۇپ ئۆز ئالدىغا بىر پادىشاھلىق تىكلىدى.
[21] شۇنىڭ بىلەن يورام ھەممە جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن يولغا چىقىپ
زائىر شەھىرىگە ئۆتتى. ئۇ كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى ۋە جەڭ
ھارۋىلىرىنىڭ سەردارلىرىنى قورشىۋالغان ئېدوملارغا ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى؛ لېكىن ئاخىرىدا يەھۇدا لەشكەرلىرى ئۆز
ئۆيلىرىگە قېچىپ كەتتى. [22] شۇنىڭ بىلەن ئېدوملار يەھۇدانىڭ

**16:8 «يورام»** ــ «يەھورام»نىڭ باشقا بىرخىل شەكلى. مۇشۇ ئايەتتە ئىككى يەھورام بار؛ بىرىنچىسى ئىسرائىل، يەنى شىمالىي پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھى، ئىككىنچىسى يەھۇدانىڭ پادىشاھى. **«يەھوشافات تېخى يەھۇدانىڭ پادىشاھى ۋاقتىدا، يەھوشافاتنىڭ ئوغلى يەھورام يەھۇدانىڭ پادىشاھى بولدى»** ــ دېمەك، يەھوشافات ۋە ئوغلى يەھورام ئىككىسى تەڭ سەلتەنەت قىلدۇ.

**16:8** 2تار. 4:21، 5

**19:8 «داۋۇت ... بىر چىراغ... بېرىمەن»** ــ «1پاد.» 36:11 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. «چىراغ» ــ بۇ كۆچمە مەنىلىك سۆز بولۇپ، داۋۇتنىڭ خاندانىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە؛ خاندانىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى (1) داۋۇتنىڭ خۇداغا سادىق بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان «چىراغ» بولىدۇ؛ (2) خۇدانىڭ داۋۇتقا: سەن ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيانى سورايدىغان مەسىھ تۇغۇلىدۇ، دەپ بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان «چىراغ» بولىدۇ.

**19:8** 2سام. 13:7؛ 1پاد. 36:11؛ 15:4؛ زەب. 132:17-18

**20:8** يار. 40:27؛ 2تار. 8:21

**21:8 «يورام ھەممە جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن...»** ــ «يورام» ياكى «يەھورام». **«زائىر شەھىرىگە ئۆتتى»** ــ يەنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتتى. **«ئاخىرىدا يەھۇدا لەشكەرلىرى ئۆز ئۆيلىرىگە قېچىپ كەتتى»** ــ ئەيىنى تېكىستتە «يەھۇدا» دېگەن سۆز يوق. لېكىن مۇشۇ

ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇيرۇنچە ئازاد بولدى. ئۇ ۋاقىتتا لىبناھمۇ
ئىسيان كۆتۈرۈپ ئازاد بولدى.
[23] ئەمدى يورامنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى
بولسا «يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا
پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ [24] يورام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى
ۋە «داۋۇتنىڭ شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىدا دەپنە قىلىندى.
ئوغلى ئاھازىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئاھازىيا سەلتەنەت قىلدۇ

2تار. 22:1-6

[25] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى، ئاھابنىڭ ئوغلى يورامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ
ئون ئىككىنچى يىلى، يەھۇدا پادىشاھى يەھورامنىڭ ئوغلى ئاھازىيا
يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. [26] ئاھازىيا پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە
ئىككى ياشتا بولۇپ، يېرۇسالېمدا بىر يىل سەلتەنەت قىلدى.
ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئاتالىيا ئىدى؛ ئۇ ئىسرائىل پادىشاھى
ئومرىنىڭ قىزى ئىدى. [27] ئاھازىيا ئاھابنىڭ جەمەتىنىڭ يولىدا يۈرۈپ
ئاھابنىڭ جەمەتى قىلغاندەك، خۇدانىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى
قىلدى؛ چۈنكى ئۇ ئاھابنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ ئۇنىڭغا ھەمجەمەت
ئىدى. [28] ئاھابنىڭ ئوغلى يورام سۇرىيەنىڭ پادىشاھى ھازائەل بىلەن
گىلېئادتىكى راموتتا سوقۇشقاندا ئاھازىيا ئۇنىڭغا ھەمدەملىشىپ
سوقۇشقا چىققاندى. سۇرىيلەر يورامنى زەخىملەندۈردى. [29] يورام
پادىشاھ راماھدا سۇرىيە پادىشاھى ھازائەل بىلەن سوقۇشقاندا

---

يەردە «لەشكەرلەر» (ئىبرانىي تىلىدا «خەلق») يەھۇدىي لەشكەرلەرنى كۆرسەتسە كېرەك.
**23:8** **«يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى»** — بۇ كىتاب تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە»نىڭ ئۆزى ئەمەس، بىراق شۈبھىسىزكى، تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە» بۇ كىتابتىن كۆپ ئۈچۈرلارنى ئالغان.
**24:8** 2تار. 19:21
**25:8** 2تار. 1:22
**26:8** 2تار. 2:22

سۈرىيەلەردىن يېگەن زەخمىنى داۋالىتىش ئۈچۈن، يىزرەئەلگە يېنىپ كەلدى. ئاھابنىڭ ئوغلى يورام كېسەل بولغاچقا، يەھۇدانىڭ پادىشاھى، يەھورامنىڭ ئوغلى ئاھازىيا ئۇنى يوقلىغىلى يىزرەئەلگىمۇ باردى.

## يەھۇ پادىشاھ بولدۇ

9
[1] ئېلىشا پەيغەمبەر پەيغەمبەرلەرنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: ــ «بېلىڭنى باغلاپ بۇ ماي قاچىسىنى قولۇڭغا ئېلىپ، گىلېئادتىكى راموتقا بارغىن. [2] ئۇ يەرگە بارغاندا نىمشىنىڭ نەۋرىسى، يەھوشافاتنىڭ ئوغلى يەھۇنى تېپىپ، ئۇيەگە كىرىپ، ئۇنى ئۆز بۇرادەرلىرى ئارىسىدىن ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ كىر. [3] ئاندىن قاچىدىكى ماينى بېشىغا قۇيۇپ: پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن سېنى ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلدىم، دېگىن؛ شۇنى دەپ بولۇپلا ئىشىكنى ئېچىپ، قېچىپ چىققىن، ھايال بولما» ــ دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن شۇ ياش پەيغەمبەر يىگىت گىلېئادتىكى راموتقا باردى.
[5] ئۇ يەرگە كەلگەندە، مانا، قوشۇننىڭ سەردارلىرى ئۇ يەردە ئولتۇراتتى.
ئۇ: ــ ئى سەردار، ساڭا بىر سۆزۈم بار، دېدى.
يەھۇ: ــ قايسىمىزغا؟ ــ دەپ سورىدى.
ئۇ: ــ ساڭا، ئى سەردار، دېدى.
[6] ئۇ قوپۇپ ئۆيگە كىردى. يىگىت بېشىغا ماينى قۇيۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن سېنى پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىگە، يەنى ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلدىم. [7] سەن ئۆز غوجاڭ ئاھابنىڭ جەمەتىنى يوقىتىسەن؛ چۈنكى ئۆز قۇللىرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ قېنى ئۈچۈن ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ھەممە قۇللىرىنىڭ قېنى ئۈچۈن يىزەبەلدىن ئىنتىقام

29:8 2پاد. 15:9؛ 22:6، 7
1:9 1پاد. 19:16
3:9 2تار. 22:7

ئالاي. 8 ئاھابنىڭ پۈتكۈل جەمەتى يوقىلىدۇ؛ ئاھابنىڭ جەمەتىدىن
ئىسرائىلدىكى ھەممە ئەركەكلەرنى ھەتتا ئاجىز ياكى مېيىپ بولسۇن
ھەممىسىنى ھالاك قىلىمەن. 9 مەن ئاھابنىڭ جەمەتىنى نىباتنىڭ
ئوغلى يەروبوئامنىڭ جەمەتىدەك ۋە ئاخىياھنىڭ ئوغلى بائاشانىڭ
جەمەتىدەك يوق قىلىمەن. 10 ئىتلار يىزەبەلنى يىزرەئەلدىكى شۇ پارچە
يەردە يەيدۇ. ھېچكىم ئۇنى دەپنە قىلمايدۇ».

شۇنى دەپ بولۇپلا يىگىت ئىشىكنى ئېچىپ قېچىپ كەتتى.

11 يەھۇ ئۆز غوجىسىنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ قېشىغا يېنىپ چىققاندا،
ئۇلار ئۇنىڭدىن: ــ ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟ بۇ تەلۋە سېنى نېمە ئىش
بىلەن ئىزدەپ كەپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ئۇ ئۇلارغا: سىلەر شۇ كىشى ۋە ئۇنىڭ سەپسەتەلىرىنى بىلىسىلەر،
ــ دېدى.

12 ئۇلار: يالغان ئېيتما! بىزگە دەپ بەرگىنە! دېۋىدى، ئۇ: ــ ئۇ
ماڭا مۇنداق-مۇنداق دەپ، پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «سېنى
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلدىم» دەپ
ئېيتتى ــ دېدى.

13 شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تونلىرىنى سېلىپ، پەلەمپەيدە
يېيىپ ئۇنىڭغا پاياندازقىلدى. ئۇلار كاناي چېلىپ: «يەھۇ پادىشاھ
بولدى!» دەپ جاكارلاشتى.

14 شۇنىڭ بىلەن نىمشىنىڭ نەۋرىسى، يەھوشافاتنىڭ ئوغلى يەھۇ

7:9 **«يىزەبەلدىن ئىنتىقام ئالاي»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «يىزەبەلنىڭ قولىدىن ئىنتىقام ئالاي».

8:9 **«ھەممە ئەركەكلەر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «تامغا قاراپ سىيىدىغان ھەربىرى» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. **«ئاجىز ياكى مېيىپ بولسۇن ھەممىسىنى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ياكى قۇل ياكى ھۆر بولسۇن، ھەممىسىنى...».

**8:9** 1پاد. 21:21

**9:9** 1پاد. 10:14؛ 29:15؛ 11،3:16

10:9 **«يىزرەئەلدىكى شۇ پارچە يەر»** ــ ئاھاب پادىشاھ نابوتتىن قەستلەپ تارتىۋالغان يەرنى كۆرسىتىدۇ. «1پاد.» 21:1-24نى كۆرۈڭ.

**10:9** 1پاد. 23:21

11:9 **«سەپسەتەلىرى»** ــ ياكى پەقەت «گەپلىرى».

يورامنى قەستلىمەكچى بولدى. ئۇ ۋاقىتتا يورام بىلەن بارلىق
ئىسرائىللار گىلېئادتىكى راموتتا تۇرۇپ، ئۇ جايىنى سۇرىيەنىڭ
پادىشاھى ھازائەلنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. [15] ئەمدى
يورام پادىشاھ سۇرىيەنىڭ پادىشاھى ھازائەل بىلەن سوقۇشقاندا
سۇرىيلەردىن يېگەن زەخمىدىن ساقىيىش ئۈچۈن يىزرەئەلگە يېنىپ
كەلگەنىدى. يەھۇ بولسا ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە: سىلەرگە لايىق
كۆرۈنسە، يىزرەئەلگە بېرىپ خەۋەر بەرگۈدەك ھېچكىمنى شەھەردىن
قاچۇرماڭلار، دېگەنىدى.
[16] يەھۇ بىر جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ يىزرەئەلگە باردى، چۈنكى
يورام ئۇ يەردە كېسەل بىلەن ياتقانىدى (يەھۇدانىڭ پادىشاھى
ئاھازىيا يورامنى يوقلىغىلى چۈشۈپ كەلگەنىدى). [17] ئەمدى
كۆزەتچى يىزرەئەلنىڭ مۇنارىدا تۇرۇپ، يەھۇ قاتارلىق بىر توپ
ئادەملەرنى كۆردى. ئۇ: «بىر توپ ئادەملەرنى كۆردۈم» دېدى. يورام:
بىر ئاتلىق كىشىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىڭلار، ئۇ ئۇلاردىن: ــ
ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟ ــ دەپ سورىسۇن، دېدى. [18] شۇنىڭ بىلەن
ئاتلىق بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ــ پادىشاھ، ھەممە ئىش
تىنچلىقمۇ، دەپ سورىدى، دېدى.
يەھۇ: ــ تىنچلىقمۇ، ئەمەسمۇ، بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟ بۇرۇلۇپ
مېنىڭ كەينىمدىن ماڭ، ــ دېدى. كۆزەتچى پادىشاھقا خەۋەر بېرىپ: ــ
خەۋەرچى ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى، لېكىن قايتىپ كەلمىدى» ــ دېدى.
[19] شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر ئاتلىق كىشىنى ماڭدۇردى. ئۇ ئۇلارنىڭ
ئالدىغا بېرىپ: ــ پادىشاھ، ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ، دەپ سورىدى،
دېدى.
يەھۇ: ــ تىنچلىقمۇ، ئەمەسمۇ، بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟ بۇرۇلۇپ
مېنىڭ كەينىمدىن ماڭ، دېدى.
[20] كۆزەتچى پادىشاھقا خەۋەر بېرىپ: ــ خەۋەرچى ئۇلارنىڭ قېشىغا
باردى، لېكىن قايتىپ كەلمىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھارۋا ھەيدىشى

**15:9** 2پاد. 29:8

نىمشىنىڭ ئوغلى يەھۇنىڭ ھەيدىشىدەك ئىكەن، چۈنكى ئۇ
تەلۋىلەرچە ھەيدەيدۇ، دېدى.
[21] يورام: ــ ھارۋىنى قېتىڭلار، دەپ بۇيرۇۋىدى، ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىسىنى
قېتىپ تەييارلىدى. ئاندىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يورام بىلەن
يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاھازىيا، ھەربىرى ئۆز جەڭ ھارۋىسىغا
ئولتۇرۇپ، يەھۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا چىقتى؛ ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن
يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئېتىزلىقىدا ئۇچراشتى.
[22] يورام يەھۇنى كۆرگەندە، «ئى يەھۇ، ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟ دەپ
سورىدى. ئۇ: ــ ئاناڭ يىزەبەلنىڭ قىلغان بۇزۇقچىلىقلىرى ۋە
جادۇگەرلىكى شۇنچە جىق تۇرسا، قانداقمۇ تىنچلىق بولىدۇ؟! ــ دېدى.
[23] شۇنىڭ بىلەن يورام ھارۋىنى ياندۇرۇپ ئاھازىياغا: «ئى ئاھازىيا،
ئاسىيلىق!» دەپ ۋارقىراپ بەدەر قاچتى.
[24] يەھۇ ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ، ئوق سېلىپ يورامنىڭ كەينى
تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقىدىن ئاتتى. يا ئوقى
ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تېشىپ چىقتى ۋە ئۇ ئۆز ھارۋىسىغا يىقىلىپ
چۈشتى. [25] يەھۇ ئۆز يېنىدىكى ئەمەلدارى بىدكارغا: ئۇنى ئېلىپ
يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئېتىزلىقىغا تاشلىغىن. يادىڭدا بولسۇنكى،
مەن بىلەن سەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئاھابنىڭ كەينىدىن بىللە ماڭغاندا،
پەرۋەردىگار ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق بىر ھۆكۈم-ۋەھيىنى ئېيتقان: ــ
[26] «مەن تۈنۈگۈن نابوتنىڭ قېنى بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قېنىنى
كۆردۈم، دەيدۇ پەرۋەردىگار: مانا بۇ قان قەرزىنى دەل بۇ ئېتىزلىقتا
ساڭا ياندۇرىمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار». ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ شۇ

---

21:9 **«ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئېتىزلىقىدا ئۇچراشتى»** ــ «1پاد.» 21:1-24نى كۆرۈڭ.

22:9 **«بۇزۇقچىلىق»** ــ مۇشۇ يەردە ھەم زىناخورلۇقنىڭ ئۆزى ھەم كۆچمە مەنىدە بۇتپەرەسلىكنى كۆرسەتسە كېرەك.

25:9 **«...مۇنداق بىر ھۆكۈم-ۋەھيىنى ئېيتقان»** ــ ئىبرانىي تىلدا «...مۇنداق بىر يۈكنى سالغان». ئادەتتە «يۈك» خۇدانىڭ ھۆكۈمى ياكى جازاسىنى جاكارلايدىغان ۋەھيىي ئىدى.

**سۆزى بويىچە، ئۇنى ئېلىپ شۇ يەرگە تاشلىغىن، ــ دېدى.**
**[27] يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاھازىيا بۇنى كۆرگەندە «باغدىكى راۋاق**
**يولى» بىلەن قاچتى. لېكىن يەھۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ: «ئۇنى**
**ئېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇۋىدى، ئۇلار ئۇنى ئىبلېئامنىڭ يېنىدا، گۇر**
**ئېگىزلىكىگە چىققان يولدا ئاتتى. ئۇ مەگىددوغىچە قېچىپ ئۇ يەردە**
**ئۆلدى. [28] شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى**
**جەڭ ھارۋىسىغا سېلىپ، يېرۇسالېمغا ئېلىپ بېرىپ، «داۋۇتنىڭ**
**شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا ئۆز قەبرىسىدە دەپنە قىلدى**
**[29] (ئاھابنىڭ ئوغلى يورامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون بىرىنچى يىلىدا**
**ئاھازىيا يەھۇداغا پادىشاھ بولغانىدى).**
**[30] يەھۇ ئەمدى يىزرەئەلگە كەلدى، يىزەبەل شۇنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە**
**سۈرمە سۈرۈپ، چاچلىرىنى تاراپ، دېرىزىدىن قاراپ تۇراتتى. [31] يەھۇ**
**دەرۋازىدىن كىرگەندە ئۇ ئۇنىڭدىن: ئى زىمرى، ئۆز غوجاڭنىڭ قاتىلى،**
**ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.**
**[32] يەھۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، دېرىزىگە قاراپ تۇرۇپ: ــ مەن تەرەپتە**
**تۇرىدىغان كىم بار؟ دەپ سورىۋىدى، ئىككى-ئۈچ ئاغۋات دېرىزىدىن**
**ئۇنىڭغا قارىدى.**
**[33] ئۇ: شۇ ئايالنى تۆۋەنگە تاشلاڭلار، دېيىشىگىلا، ئۇلار ئۇنى تۆۋەنگە**
**تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قېنى ھەم تامغا ھەم ئاتلارغا**
**چېچىلدى. ئۇ ئۇنى ئاتلىرىغا دەسسىتىپ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى.**
**[34] ئاندىن ئۇ ئۆيگە كىرىپ يەپ-ئىچكەندىن كېيىن: بۇ لەنىتى**
**ئايالنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنى دەپنە قىلىڭلار. چۈنكى نېمىلا**

---

**26:9** 1پاد. 19:21

27:9 **««باغدىكى راۋاق يولى» بىلەن»** ــ ياكى «بەيت-ھاگگانغا بارىدىغان يول بىلەن».

**27:9** 2تار. 22:7-9

31:9 **«زىمرى»** ــ 44 يىل ئىلگىرى ئىسرائىل پادىشاھ ئېلاھدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن. «1پاد.» 9:16-20نى كۆرۈڭ.

**31:9** 1پاد. 18:16

بولمىسۇن ئۇ پادىشاھنىڭ مەلىكىسىدۇر، دېدى. [35] لېكىن ئۇلار ئۇنى
دەپنە قىلىۋېتەيلى دەپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭ باش سۆڭىكى، ئاياغلىرى
ۋە قوللىرىنىڭ ئالقىنىدىن باشقا ھېچ يېرىنى تاپالمىدى.
[36] ئۇلار يېنىپ كېلىپ بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا دېگەندە ئۇ: ــ بۇ ئىش
پەرۋەردىگار ئۆز قۇلى تىشبىلىق ئىلىياس ئارقىلىق ئېيتقان مۇنۇ
سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدۇر: ــ «ئىتلار يىزرەئەلدىكى شۇ
پارچە يەردە يىزەبەلنىڭ گۆشىنى يەيدۇ. [37] يىزەبەلنىڭ ئۆلۈكى سىرتتا،
يىزرەئەلدىكى شۇ پارچە يەردە قىغدەك يېيىلىپ كېتىدۇ ۋە شۇنىڭ
بىلەن ھېچكىم: «ئۇ يىزەبەل ئىكەن» دېيەلمەيدۇ» ــ دېدى.

## يەھۇ ئاھابنىڭ جەمەتىدىكىلەرنى يوقىتىدۇ

10 [1] ئەمدى سامارىيەدە ئاھابنىڭ يەتمىش ئوغلى بار ئىدى. يەھۇ
خەتلەرنى يېزىپ سامارىيەگە، يەنى يىزرەئەلدىكى ئەمەلدار-
ئاقساقاللارغا ۋە ئاھابنىڭ جەمەتىدىكى پاسىبانلارغا ئەۋەتتى.
خەتلەردە مۇنداق دېيىلدى: ــ
[2] «سىلەر بىلەن بىللە غوجاڭلارنىڭ ئوغۇللىرى، جەڭ ھارۋىلىرى
بىلەن ئاتلار، قورغانلىق شەھەر ۋە ساۋۇت-قوراللارمۇ باردۇر؛ شۇنداق
بولغاندىن كېيىن بۇ خەت سىلەرگە تەگكەندە، [3] ئۆز غوجاڭلارنىڭ
ئوغۇللىرىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ تەختىگە
ئولتۇرغۇزۇپ، غوجاڭلارنىڭ جەمەتى ئۈچۈن سوقۇشقا چىقىڭلار!».
[4] لېكىن ئۇلار دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ ئىنتايىن قورقۇشۇپ: مانا
ئىككى پادىشاھ ئۇنىڭ ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمىغان يەردە، بىز
قانداقمۇ پۇت تىرەپ تۇرالايمىز؟ ــ دېيىشتى.
[5] شۇنىڭ بىلەن ئوردا بېشى، شەھەر باشلىقى، ئاقساقاللار بىلەن
پاسىبانلار يەھۇغا خەۋەر يەتكۈزۈپ: بىز سىنىڭ قۇللىرىڭمىز؛ سەن

34:9 1پاد. 31:16
36:9 1پاد. 23:21

**ھەرنېمە بۇيرۇساڭ شۇنى قىلىمىز؛ ھېچكىمنى پادىشاھ قىلمايمىز.
ساڭا نېمە مۇۋاپىق كۆرۈنسە شۇنى قىلغىن، دەپ ئېيتتى.
6 يەھۇ ئىككىنچى خەتنى يېزىپ، خەتتە: ــ «ئەگەر مەن تەرەپتە بولۇپ،
مېنىڭ سۆزلىرىمگە كىرىشكە رازى بولساڭلار ئۆز غوجاڭلارنىڭ
ئوغۇللىرىنىڭ باشلىرىنى ئېلىپ، ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا يىزرەئەلگە، مېنىڭ
قېشىمغا ئۇلارنى كەلتۈرۈڭلار. ئەمدى پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى يەتمىش
كىشى بولۇپ، ئۆزلىرىنى باققان شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ قېشىدا
تۇراتتى. 7 خەت ئۇلارغا تەگكەندە ئۇلار شاھزادىلەرنى، يەتمىشەيلەننىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى سېۋەتلەرگە سېلىپ، يىزرەئەلگە
يەھۇغا ئەۋەتتى. 8 بىر خەۋەرچى كېلىپ يەھۇغا: ئۇلار شاھزادىلەرنىڭ
باشلىرىنى ئېلىپ كەلدى، دەپ خەۋەر بەرگەندە، ئۇ: ئۇلارنى ئىككى دۆۋە
قىلىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئەتە ئەتىگەنگىچە قويۇڭلار، دېدى.
9 ئەتىگەندە ئۇ چىقىپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ پۈتكۈل خالايىققا: سىلەر
بىگۇناھسىلەر؛ مانا، مەن ئۆزۈم غوجامغا قەست قىلىپ ئۇنى
ئۆلتۈردۈم؛ لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىم چېپىپ ئۆلتۈردى؟
10 ئەمدى شۇنى بىلىڭلاركى، پەرۋەردىگارنىڭ ھېچ سۆزى، يەنى
پەرۋەردىگار ئاھابنىڭ جەمەتى توغرىسىدا ئېيتقىنىدىن ھېچبىر
سۆز يەردە قالمايدۇ. چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز قۇلى ئىلياس ئارقىلىق
ئېيتقىنىغا ئەمەل قىلدى، ــ دېدى.
11 ئاندىن كېيىن يەھۇ يىزرەئەلدە ئاھابنىڭ جەمەتىدىن قالغانلارنىڭ**

---

6:10 **«باشلىرىنى ئېلىڭلار»** ــ يەھۇنىڭ تەلىپى بەلكىم قەستەن مۇجمەل دېيىلگەنىدى. ئىبرانيي تىلدا «باشلىرىنى ئېلىش» دېگەنلىك «ئۆزلىرىنى ئېلىپ كېلىش» ياكى «ئۆلتۈرۈش» دېگەن ئىككى بىسلىق مەنىدە ئىدى. ئاقساقاللار ۋە پاسبانلار پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، يەھۇ ئۇلارنى «ئۇلار مەن بىلەن تەڭ بۇ ئىشلارغا مەسئۇل» دەپ كۆرستەلەيتتى.

9:10 **«سىلەر بىگۇناھسىلەر؛ مانا، مەن ئۆزۈم غوجامغا قەست قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردۈم؛ لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىم چېپىپ ئۆلتۈردى؟»** ــ يەھۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن شەھەردىكى ۋە يىزرەئەلدىكى ئەمەلدارلارنى مەن تەرەپتە تۇرىدۇ، مەن بىلەن تەڭ مۇشۇ ئىشلارغا مەسئۇل، دەپ خالايىققا كۆرسەتمەكچى.

**10:10** 1پاد. 19:21، 21، 29

**ھەممىسى، ئۇنىڭ تەرىپىدىكى بارلىق ئەربابلار، دوست-ئاغىنىلىرى ۋە كاھىنلىرىنى ھېچ كىمنى قالدۇرماي ئۆلتۈردى. [12]ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سامارىيەگە باردى. يولدا كېتىۋېتىپ «پادىچىلارغا تەۋە بەيت-ئەكەد»كە يەتكەندە [13]يەھۇ يەھۇدا پادىشاھى ئاھازىيانىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ئۇلاردىن: سىلەر كىم؟ ــ دەپ سورىدى.**

**«بىز ئاھازىيانىڭ قېرىنداشلىرى، ھازىر پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە خانىشنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھال سورىغىلى چۈشۈۋاتىمىز» ــ دېدى.**

**[14]ئۇ: ئۇلارنى تىرىك تۇتۇڭلار! دەپ بۇيرۇدى. ئاندىن ئادەملىرى ئۇلارنى تىرىك تۇتتى، ئاندىن ھەممىسىنى بەيت-ئەكەدنىڭ قۇدۇقىنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى قويمىدى. ئۇلار جەمئىي قىرىق ئىككى ئادەم ئىدى. [15]ئۇ ئۇ يەردىن كېتىپ بارغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان رەكابنىڭ ئوغلى يەھونادابقا يولۇقتى. ئۇ ئۇنىڭغا سالام قىلىپ: مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا سادىق بولغاندەك، سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ ماڭا سادىقمۇ؟ ــ دېدى.**

**سادىق، دېدى يەھوناداب.**

**يەھۇ: ــ ئۇنداق بولسا قولۇڭنى ماڭا بەرگىن، دېدى. ئۇ قولىنى بېرىۋىدى، يەھۇ ئۇنى جەڭ ھارۋىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆز يېنىدا جاي بېرىپ [16]ئۇنىڭغا: مەن بىلەن بېرىپ، پەرۋەردىگارغا بولغان قىزغىنلىقىمنى كۆرگىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنى جەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ھەيدەپ ماڭدى.**

---

12:10 **««پادىچىلارغا تەۋە بەيت-ئەكەد»كە»** ــ ياكى «قوي پادىچىلار يىغىلىدىغان جاي»غا...»

13:10 **«ھال سورىغىلى بارىمىز»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھال سورىغىلى چۈشىمىز».

**13:10** 2تار. 8:22

15:10 **«ساڭا سادىق»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۆڭلۈڭگە سادىق» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. **«ساڭا سادىق بولغاندەك»** ــ ياكى «ساڭا دۇرۇس بولغاندەك». **«ماڭا سادىقمۇ»** ــ ياكى «ماڭا دۇرۇسمۇ». بۇ ئايەتتىكى «رەكابنىڭ ئوغلى يەھوناداب» «يەر.» 35:1-16دە تىلغا ئېلىنغان «رەكابنىڭ ئوغلى يەھوناداب (يوناداب)»قا ئوخشاش ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

[17] ئۇ سامارىيەگە كەلگەندە ئاھابنىڭ جەمەتىدىن سامارىيەدە
قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تۈگەتكۈچە ئۆلتۈردى. بۇ ئىش
پەرۋەردىگارنىڭ ئىلىياسقا ئېيتقان سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى
ئىدى.

## يەھۇنىڭ بائال دېگەن بۇتنىڭ كاھىن-پەيغەمبەرلىرىنى قەتل قىلىشى

[18] ئاندىن يەھۇ ھەممە خالايىقنى يىغدۇرۇپ، ئۇلارغا مۇنداق
دېدى: ــ ئاھاب بائالنىڭ خىزمىتىنى ئاز قىلغان، لېكىن يەھۇ
ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۆپ قىلىدۇ. [19] بۇنىڭ ئۈچۈن بائالنىڭ بارلىق
پەيغەمبەرلىرىنى، ئۇنىڭ قۇللۇقىدا بولغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن
بارلىق كاھىنلىرىنى ماڭا چاقىرىڭلار؛ ھېچكىم قالمىسۇن، چۈنكى
بائالغا چوڭ قۇربانلىق سۇنغۇم بار؛ ھەركىم ھازىر بولمىسا جېنىدىن
مەھرۇم بولىدۇ، دېدى. لېكىن يەھۇ بۇ ئىشنى بائالپەرەسلەرنى
يوقىتىش ئۈچۈن ھىيلىگەرلىك بىلەن قىلدى.
[20] شۇنىڭ بىلەن يەھۇ: بائالغا خاس بىر ھېيت بېكىتىڭلار، دېۋىدى،
ئۇلار شۇنداق ئېلان قىلدى.
[21] يەھۇ پۈتكۈل ئىسرائىلغا تەكلىپ ئەۋەتكەندە، بارلىق بائالپەرەسلەر
كەلدى؛ ئۇلاردىن ھېچبىرى كەم قالماي كەلدى. ئۇلار بائالنىڭ
بۇتخانىسىغا كىردى؛ شۇنىڭ بىلەن بائالنىڭ بۇتخانىسى بۇ بېشىدىن
يەنە بىر بېشىغىچە لىق تولدى. [22] ئۇ مۇراسىم كىيىمى بېگىگە:
ھەممە بائالپەرەسلەرگە ئىبادەت كىيىملىرىنى ئەچىقىپ بەر، دېۋىدى،
ئۇ كىيىملەرنى ئۇلارغا ئەچىقىپ بەردى.
[23] يەھۇ بىلەن رەكابنىڭ ئوغلى يەھوناداب بائالنىڭ بۇتخانىسىغا
كىرىپ بائالپەرەسلەرگە: تەكشۈرۈپ بېقىڭلار، بۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ
بەندىلىرىدىن ھېچبىرى بولمىسۇن، بەلكى پەقەت بائالپەرەسلەر
بولسۇن، دېدى.
[24] ئۇلار تەشەككۇر قۇربانلىقلىرى بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى

---
17:10 2تار. 8:22

ئۆتكۈزگىلى كىردى. يەھۇ سەكسەن ئادەمنى تېشىدا قويۇپ ئۇلارغا:
مەن سىلەرنىڭ ئىلكىڭلارغا تاپشۇرغان بۇ ئادەملەردىن بىرسى
قولۇڭلاردىن قېچىپ كەتسە، جېنىنىڭ ئورنىدا جان بېرىسىلەر، دېدى.
[25] ئۇلار كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى ئۆتكۈزۈپ بولۇشىغىلا، يەھۇ ئوردا
پاسىبانلىرى ۋە سەردارلارغا: كىرىپ ئۇلارنى قەتل قىلىپ، ھېچكىمنى
چىققىلى قويماڭلار، دەپ بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا پاسىبانلىرى
بىلەن سەردارلار ئۇلارنى قىلىچ بىسى بىلەن قەتل قىلىپ، ئۆلۈكلەرنى شۇ
يەرگە تاشلىۋەتتى. ئاندىن بائالنىڭ بۇتخانىسىنىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ
[26] بۇت تۈۋرۈكلەرنى بائالنىڭ بۇتخانىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى.
[27] ئۇلار يەنە بائالنىڭ تۈۋرۈك-ھەيكىلىنى چېقىپ، بائالنىڭ بۇتخانىسىنى
يىقىتىپ ئۇنى بۈگۈنگە قەدەر ھاجەتخانىغا ئايلاندۇردى. [28] يەھۇ شۇ يول
بىلەن بائالنى ئىسرائىلدىن يوق قىلدى.

## يەھۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ خۇلاسىسى

[29] يەھۇ نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ ئىسرائىلنى گۇناھقا
پۇتلاشتۇرغان گۇناھلىرىدىن، يەنى بەيت-ئەل بىلەن داندىكى ئالتۇن
موزاي بۇتلىرىدىن ئۆزىنى يىغمىدى. [30] پەرۋەردىگار يەھۇغا: سەن
ئوبدان قىلدىڭ؛ مېنىڭ نەزىرىمگە مۇۋاپىق كۆرۈنگىنىنى ئادا قىلىپ،
ئاھابنىڭ جەمەتىگە كۆڭلۈمدىكى ھەممە نىيەتنى بەجا قىلىپ
پۈتكۈزگىنىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ ئوغۇللىرىڭ تۆتىنچى نەسلىگىچە
ئىسرائىلنىڭ تەختىدە ئولتۇرىدۇ، دېدى.
[31] لېكىن يەھۇ پۈتۈن قەلبىدىن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ
مۇقەددەس قانۇنىدا مېڭىشقا كۆڭۈل بۆلمىدى؛ ئۇ ئىسرائىلنى
گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىدىن نېرى تۇرمىدى.
[32-33] شۇ كۈنلەردە پەرۋەردىگار ئىسرائىلنىڭ زېمىنىنى كېسىپ-كېسىپ

---

**24:10 «تەشەككۈر قۇربانلىقلىرى»** — ياكى پەقەت «قۇربانلىقلار».

**29:10** 1پاد. 28:12

**30:10** 2پاد. 12:15

ئازايىتىشقا باشلىدى. چۈنكى ھازائەل ئىئوردان دەرياسىنىڭ مەشرىق
تەرىپىدىن باشلاپ ئىسرائىلنىڭ چېگرالىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ئۇلارغا
ھۇجۇم قىلدى؛ ئۇ بارلىق گىلېئاد يۇرتىنى، ئارنون جىلغىسىنىڭ
يېنىدىكى ئاروئەردىن تارتىپ گىلېئادتىن ئۆتۈپ باشانغىچە، گاد،
رۇبەن ۋە ماناسسەھنىڭ بارلىق يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلدى.
[34] ئەمدى يەھۇنىڭ باشقا ئەمەللىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى،
جۈملىدىن سەلتەنىتىنىڭ ھەممە قۇدرىتى «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ
تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
[35] يەھۇ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە سامارىيەدە
دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى يەھوئاھاز ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ
بولدى. [36] يەھۇنىڭ ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سامارىيەدە سەلتەنەت
قىلغان ۋاقتى يىگىرمە سەككىز يىل ئىدى.

## خانىش ئاتالىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

2تار. 22:10-12؛ 23:1-21

11 [1] ئەمدى ئاھازىيانىڭ ئانىسى ئاتاليا ئوغلىنىڭ ئۆلگىنىنى
كۆرگەندە، بارلىق شاھ نەسلىنى ئۆلتۈرۈشكە قوزغالدى.
[2] لېكىن يورام پادىشاھنىڭ قىزى، يەنى ئاھازىيانىڭ سىڭلىسى
يەھوشېبا ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
ئارىسىدىن ئاھازىيانىڭ ئوغلى يوئاشنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ
چىقىپ، ئۇنى ۋە ئىنىك ئانىسىنى ياستۇق-كىرلىك ئامبىرىغا
يوشۇرۇپ قويدى. يوئاش شۇ يول بىلەن ئاتالىيادىن يوشۇرۇپ
قېلىنىپ ئۆلتۈرۈلمىدى. [3] ئاندىن كېيىن ئىنىك ئانىسى بىلەن
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ئالتە يىلغىچە يوشۇرۇنۇپ تۇردى. شۇ
ۋاقىتلاردا ئاتاليا زېمىندا سەلتەنەت قىلدى.

---

1:11 2تار. 10:22

**[4] يەتتىنچى يىلى يەھويادا ئادەم ئەۋەتىپ كارىيلار ھەم ئوردا
پاسىبانلىرىنىڭ يۈزبېشلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چاقىرتىپ
كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئەھدە قىلىشتى. ئۇ ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىدە قەسەم ئىچكۈزۈپ، پادىشاھنىڭ ئوغلىنى كۆرسەتتى. [5] ئاندىن
ئۇلارغا بۇيرۇپ: مانا سىلەر قىلىشىڭلار كېرەك بولغان ئىش شۇكى: ــ
شابات كۈنىدە پاسىبانلىق نۆۋىتى كەلگەن ئۈچتىن بىرى پادىشاھنىڭ
ئوردىسىدا پاسىبانلىق كۆزىتى قىلسۇن. [6] ئۈچتىن بىرى سۇر دېگەن
دەرۋازىدا تۇرسۇن ۋە ئۈچتىن بىرى ئوردا پاسىبانلار ھويلىسىنىڭ
كەينىدىكى دەرۋازىدا تۇرسۇن؛ شۇنداق قىلىپ سىلەر ئوردا ئۈچۈن
پاسىبانلىق قىلىسىلەر. [7] شابات كۈنىدە پاسىبانلىق نۆۋىتىنى
قىلىپ بولغان ئۈچتىن ئىككى قىسمى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە
پادىشاھنىڭ قېشىدا پاسىبانلىق قىلسۇن. [8] سىلەر پادىشاھنىڭ
ئەتراپىدا تۇرۇپ، ھەربىرىڭلار قولۇڭلارغا ئۆز قورالىڭلارنى ئېلىپ،
كىمدەكىم سېپىڭلاردىن ئۆتكىلى ئۇرۇنسا ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار؛ پادىشاھ
چىقىپ-كىرسە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈڭلار، دېدى.**

**[9] يۈزبېشىلار كاھىن يەھويادا بارلىق تاپىلىغانلىرىنى بەجا
كەلتۈرۈشتى؛ ھەربىر يۈزبېشى ئۆز ئادەملىرىنى، ھەم شابات كۈنىدە
پاسىبانلىق نۆۋىتىگە كەلگەنلەرنى ھەم پاسىبانلىق نۆۋىتىدىن
يانغانلارنى قالدۇرۇپ قالدى؛ ئاندىن يەھويادا كاھىننىڭ قېشىغا
كەلدى. [10] كاھىن بولسا داۋۇت پادىشاھنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە
ساقلاقلىق نەيزە ۋە قالقانلىرىنى يۈزبېشىلارغا تارقىتىپ بەردى.**

**[11] ئوردا پاسىبانلىرى تىزىلىپ، ھەربىرى ئۆز قولىدا قورالىنى تۇتۇپ،
ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن تارتىپ سول تەرىپىگىچە قۇربانگاھ
بىلەن ئىبادەتخانىنى بويلاپ پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا تۇردى. [12] يەھويادا**

4:11 **«كارىيلار»** ــ بەلكىم بىر تۈركۈم چەتئەللىك لەشكەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

**4:11** 2تار. 1:23

**6:11 «سۇر دېگەن دەرۋازى»** ــ ياكى «ئۇل دەرۋازىسى».

**9:11** 2تار. 8:23

**شاھزادىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئۇنىڭ بېشىغا تاجنى كىيگۈزۈپ،
ئۇنىڭغا گۇۋاھنامىلەرنى بېرىپ، پادىشاھ بولۇشقا خۇشبۇي ماي
بىلەن مەسىھ قىلدى. ھەممەيلەن چاۋاك چېلىپ: ــ «پادىشاھ
ياشىسۇن!» دەپ توۋلاشتى.
[13] ئاتالىيا ئوردا پاسىبانلىرى بىلەن خەلقنىڭ توۋلاشلىرىنى
ئاڭلىغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا
كەلدى. [14] ئۇ قارىۋىدى، مانا پادىشاھ قائىدە-رەسىم بويىچە تۈۋرۈكنىڭ
يېنىدا تۇراتتى. پادىشاھنىڭ يېنىدا ئەمەلدارلار بىلەن كاناييچىلار
تىزىلغانىدى؛ بارلىق يۇرت خەلقى شادلىنىپ، كاناي چېلىشاتتى.
بۇنى كۆرگەن ئاتالىيا كىيىملىرىنى يىرتىپ: ــ ئاسىيلىق، ئاسىيلىق!
ــ دەپ ۋارقىرىدى.
[15] ئەمما يەھويادا كاھىن قوشۇنغا مەسئۇل بولغان يۈزبېشىلارغا: ئۇنى
سەپلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدىن سىرتقا چىقىرىۋېتىڭلار؛ كىمدەكىم
ئۇنىڭغا ئەگەشسە قىلىچلانسۇن، دەپ بۇيرۇدى. چۈنكى كاھىن: ــ ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلمىسۇن، دەپ ئېيتقانىدى.
[16] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ بەردى؛ ۋە ئۇ پادىشاھ
ئوردىسىغا كىرىدىغان ئات يولىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ئۇ يەردە
ئۇنى ئۆلتۈردى.
[17] يەھويادا: ــ «پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى بولايلى» دەپ پەرۋەردىگارنىڭ ۋە
پادىشاھ بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئەھدە توختاتتى؛ پادىشاھ
بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەم بىر ئەھدە باغلاندى. [18] ئاندىن
بارلىق زېمىندىكى خەلق بائالنىڭ بۇتخانىسىغا بېرىپ ئۇنى بۇزۇپ
تاشلىدى؛ ئۇنىڭ قۇربانگاھلىرى بىلەن مەبۇدلىرىنى چېقىپ پارە-
پارە قىلىپ، بائالنىڭ كاھىنى ماتتاننى قۇربانگاھلارنىڭ ئالدىدا**

---

16:11 **«ئۇلار ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ ... ئات يولىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ئۇ يەردە ئۇنى ئۆلتۈردى»** ــ ياكى «ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىدىغان ئات يولىغا يېتىپ كەلگەندە، شۇ يەردە ئۇنى ئۆلتۈردى».

**17:11** 2تار. 16:23

ئۆلتۈردى. ئاندىن كېيىن يەھويادا كاھىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە
پاسىبانلارنى تەيىنلىدى. [19] ئاندىن ئۇ يۈزبېشىلار، كارىيلار، ئوردا
پاسىبانلىرى ۋە يۇرتنىڭ ھەممە خەلقىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېلىپ،
پادىشاھنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىن باشلاپ چۈشۈپ، ئوردىدىكى
«پاسىبانلارنىڭ دەرۋازىسى»دىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرگۈزدى؛
يوئاش پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى.
[20] يۇرتنىڭ بارلىق خەلقى شادلىناتتى؛ ئۇلار ئاتالىيانى پادىشاھنىڭ
ئوردىسىنىڭ يېنىدا قىلىچلاپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، شەھەر تىنچ
بولۇپ قالدى.

## يەھوئاش يەھۇداغا پادىشاھ بولىدۇ

2تار. 1:24-27

[21] يەھوئاش يەتتە ياشقا كىرگەندە پادىشاھ بولدى.
12 [1] يەھۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يەتتىنچى يىلىدا يەھوئاش پادىشاھ
بولدى؛ ئۇ قىرىق يىل يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ
ئانىسى بەئەر-شېبالىق زىبىياھ ئىدى. [2] يەھوئاش يەھويادا كاھىن
ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ تۇرغان بارلىق كۈنلەردە، پەرۋەردىگارنىڭ
نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلدى. [3] پەقەت «يۇقىرى جايلار»لا
يوقىتىلمىدى؛ خەلق يەنىلا «يۇقىرى جايلار»غا چىقىپ قۇربانلىق
قىلىپ خۇشبۇي ياقاتتى.

---

1:12 **«يەھوئاش»** — «يوئاش»نىڭ باشقا شەكلى.
2:12 **«يەھوئاش يەھويادا كاھىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ تۇرغان بارلىق كۈنلەردە، ... دۇرۇس بولغاننى قىلدى.»** — بۇ سۆزگە قارىغاندا يوئاش يەھويادا ئۆلگەندىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتتى؛ ۋە دەرۋەقە شۇنداق بولدى («2تار.» 17:24-27نى كۆرۈڭ).
3:12 **«يۇقىرى جايلار»** — تەۋراتتىكى «قان.» 5:12-14دە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك يەرلەردە، خۇدا ئىسرائىللارغا: بىرسى ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق قىلسا، پەقەت «ئۆزۈم تاللىغان جاي»دا قۇربانلىق قىلسۇن، دەپ تاپىلايدۇ. ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا خۇدا مۇشۇنداق قۇربانلىق قىلىدىغان بىرنەچچە جاينى بېكىتكەندى (بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا جاينى بېكىتەتتى). بىراق ئىسرائىللار بەلكىم ئۆز قولايلىقىنى كۆزلەپ

⁴يەھوئاش كاھىنلارغا: ــ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە خۇداغا ئاتالغان
ھەممە پۇل، جۇملىدىن رويخەتتىن ئۆتكۈزۈلگەن ھەر كىشىنىڭ
باج پۇلى، قەسەم ئىچكەنلەرنىڭ پۇلى ۋە ھەركىم ئىختىيارى بىلەن
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە بېغىشلاپ ئەكەلگەن ھەممە پۇلنى ⁵كاھىنلار
خەزىنىچىلەردىن تاپشۇرۇۋېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ قايسى يېرى
بۇزۇلغان بولسا، شۇ پۇلنى ئىشلىتىپ شۇلارنى ئوڭشىسۇن، دېدى.
⁶لېكىن يەھوئاش پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى
يىلىغىچە، كاھىنلار ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى تېخىچە
ئوڭلىمىغانىدى. ⁷ئاندىن يەھوئاش پادىشاھ يەھويادا كاھىن ۋە باشقا
كاھىنلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا: ــ نېمىشقا ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان
يەرلىرىنى ئوڭشىمىدىڭلار؟ مۇندىن كېيىن خەزىنىچىلەردىن پۇل
ئالماڭلار ۋە ئۆزۈڭلار ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭلاتماڭلار،
دېدى.
⁸شۇنىڭ بىلەن كاھىنلار ماقۇل بولۇشۇپ: بىز بۇنىڭدىن كېيىن

(ۋە بەلكىم بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى دوراپ) خۇدانىڭ ئەمرىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ تاغ چوققىلىرى قاتارلىق يۇقىرى جايلاردا خۇداغا ئىبادەت قىلىپ قۇربانلىق قىلاتتى. بۇنىڭ شۇنداق بىر خەتىرى بار ئىدىكى، ئۇلار ئەتراپىدىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يەردە ھەرخىل بۇتلارغىمۇ چوقۇنۇپ، ھەتتا بۇتپەرەسلەرگە ئەگىشىپ «ئىنسان قۇربانلىق»لارنىمۇ قىلىشى مۇمكىن ۋە دەرۋەقە كۆپ ۋاقىتلاردا شۇنداق قىلاتتى (مەسىلەن، «ئەز.» 16:21، 20:26نى كۆرۈڭ).

12:4 **«رويخەتتىن ئۆتكۈزۈلگەن ھەر كىشىنىڭ باج پۇلى، قەسەم ئىچكەنلەرنىڭ پۇلى»** ــ «مىس.» 30:11-16، «لاۋ.» 27-بابنى كۆرۈڭ.

**12:4** 2پاد. 22:3-21

12:5 **«كاھىنلار خەزىنىچىلەردىن...»** ــ ياكى «كاھىنلار ئۆز تونۇشلىرىدىن...». «كاھىنلار» ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھەربىر كاھىن...» دېيىلىدۇ ــ دېمەك، ھەربىر كاھىنىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان ئايرىم مەسئۇلىيىتى بارلىقى سەل تەكىتلىنىدۇ.

12:7 **«...مۇندىن كېيىن خەزىنىچىلەردىن پۇل ئالماڭلار ۋە ئۆزۈڭلار ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭلاتماڭلار»** ــ بۇ سۆزگە قارىغاندا كاھىنلار ھېچ بولمىغاندا ئىبادەتخانىنى ئوڭشىتىش خىزمىتىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولسا كېرەك. بۇ سۆزلەردىن ئۇلار مۇشۇ پۇللارنى خىيانەت قىلغانلىقى ناتايىن.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مۇنىڭدىن باشلاپ ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭلىتىش مەقسىتىدە باشقا خەزىنىچىلەردىن پۇل ئالماڭلار». 8-ئايەت بىزنىڭ تەرجىمىمىزگە ماسراق كېلىدۇ

خەلقتىن پۇل ئالمايمىز ھەم ئۆزىمىز ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان
يەرلىرىنىمۇ ئوڭشىمايمىز، دېدى.
9 ئەمدى يەھويادا كاھىن بىر ساندۇقنى ئېلىپ چىقىپ، ياپقۇچىدىن
بىر تۆشۈك تېشىپ ئۇنى قۇربانگاھنىڭ يېنىغا قويدى؛ كىشىلەر
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ ئوڭ تەرەپتە تۇراتتى. دەرۋازىغا
قارايدىغان كاھىنلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كەلتۈرۈلگەن بارلىق
پۇلنى ئۇنىڭغا سالاتتى. 10 ۋە شۇنداق بولاتتىكى، ئۇلار ساندۇقتا
كۆپ پۇل چۈشكەنلىكىنى كۆرسە، پادىشاھنىڭ كاتىپى بىلەن باش
كاھىن ئىبادەتخانىغا چىقىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى پۇلنى
خالتىغا چىگىپ، ساناپ قوياتتى. 11 ئاندىن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىنى ئوڭشايدىغان ئىش باشلىرىغا ئۆلچەپ-ھېسابلاپ بېرەتتى.
ئۇلار بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئوڭشايدىغان ياغاچچى
بىلەن تامچىلار، 12 تاشچىلار بىلەن تاشتىراشلارغا بېرەتتى. ئۇلار مۇشۇ
پۇلنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشاشقا لازىم
بولغان ياغاچ بىلەن ئويۇلغان تاشلارنى سېتىۋېلىشقا، شۇنىڭدەك
ئىبادەتخانىنى ئوڭشاشقا ۋە ھەممە باشقا چىقىمغا ئىشلىتەتتى.
13 لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كەلتۈرۈلگەن پۇل ئىبادەتخانىغا
ئاتىلىدىغان كۈمۈش قاچا-قۇچىلار، پىچاقلار، پىيالىلەر، كانايلار، يا
ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان باشقا ھەرقانداق نەرسىلەرنى
ياسىتىشقا ئىشلىتىلمەيتتى. 14 ئۇلار بەلكى شۇ پۇلنى ئىش
بېشىلىرىغا بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئوڭشىتاتتى. 15 ئۇلار پۇلنى
ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ئىشلەمچىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشى
ئۈچۈن تاپشۇراتتى؛ لېكىن ئۇنىڭ ھېساۋاتىنى قىلمايتتى؛ چۈنكى
بۇلار ئىنساپ بىلەن ئىش قىلاتتى. 16 لېكىن ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى
پۇلى بىلەن گۇناھ قۇربانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك پۇللار پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنمەيتتى؛ ئۇ كاھىنلارغا تەۋە ئىدى.
17 ئۇ ۋاقىتتا سۇرىيە پادىشاھى ھازائەل گات شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ،

12:12 **«تاشتىراشلار»** ــ يەنى تاش نەقىشچىلەر ئىدى.

ئۇنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن ھازائەل يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىشقا
يۈزلەندى. 18 شۇنىڭ بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوئاش ئۆز ئاتا-
بوۋىلىرى بولغان يەھۇدا پادىشاھلىرى يەھوشافات، يورام ۋە ئاھازىيا
پەرۋەردىگارغا تەقدىم قىلغان ھەممە مۇقەددەس بۇيۇملارنى، ۋە
ئۆزى تەقدىم قىلغانلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ھەم پادىشاھنىڭ
ئوردىسىنىڭ خەزىنىلىرىدىن ئىزدەپ تاپقان بارلىق ئالتۇنغا قوشۇپ،
ھەممىسىنى سۇرىيەنىڭ پادىشاھى ھازائەلگە ئەۋەتتى؛ ئاندىن
ھازائەل يېرۇسالېمدىن چېكىندى.
19 يوئاشنىڭ باشقا ئەمەللىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «يەھۇدا
پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن
ئەمەسمىدى؟
20 ئەمدى يەھوئاشنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا قەست قىلىپ
سىللا داۋنى تەرىپىدىكى مىللو قەلئەسىدە ئۇنى ئۆلتۈردى. 21 ئۇنىڭ
خىزمەتكارلىرىدىن شىمېئاتنىڭ ئوغلى يوزاقار ۋە شومەرنىڭ ئوغلى
يەھوزاباد ئۇنى زەخىملەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلدى. ئۇ ئۆز ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا «داۋۇتنىڭ شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى. ئوغلى
ئامازىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھوئاھاز ئىسرائىل ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈردۇ

13 1 ئاھازىيانىڭ ئوغلى، يەھۇدانىڭ پادىشاھى يوئاشنىڭ
سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى يىلى، يەھۇنىڭ ئوغلى
يەھوئاھاز سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، سامارىيەدە ئون

**17:12** 2پاد. 12:8؛ 25:13؛ 2تار. 23:24

**18:12** 2پاد. 15:18

19:12 **«يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى»** — بۇ كىتاب تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە» ئەمەس، بىراق شۈبھىسىزكى، تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە» ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇچۇرلار ئالغانىدى.

**20:12** 2پاد. 5:14

يەتتە يىل سەلتەنەت قىلدى. [2]ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل
بولغاننى قىلىپ، ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان نىباتنىڭ
ئوغلى يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىغا ئەگىشىپ ماڭدى؛ ئۇ ئۇلاردىن
ھېچ چىقمىدى. [3]بۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا
قوزغالدى؛ ئۇ ئۇلارنى سۇرىيەنىڭ پادىشاھى ھازائەلنىڭ ۋە ھازائەلنىڭ
ئوغلى بەن-ھادادنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

[4]يەھوئاھاز پەرۋەردىگاردىن رەھىم تىلىدى؛ ۋە پەرۋەردىگار
ئىسرائىلنىڭ قىسىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ دۇئاسىغا قۇلاق
سالدى. چۈنكى سۇرىيەنىڭ پادىشاھى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىۋاتاتتى.
[5]پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا بىر قۇتقۇزغۇچى تەيىنلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار سۇرىيىلەرنىڭ قولىدىن ئازاد بولۇپ قۇتۇلدى. كېيىن ئىسرائىل
يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆز ئۆي-چېدىرلىرىدە ماكانلاشتى. [6]لېكىن
ئۇلار ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان يەروبوئام جەمەتىنىڭ
گۇناھلىرىدىن چىقمىدى؛ ئۇلار يەنىلا شۇ يولدا ماڭاتتى. ھەتتا
سامارىيەدە بىر «ئاشەراھ» بۇتمۇ قالغانىدى.

[7]سۇرىيەنىڭ پادىشاھى يەھوئاھازغا پەقەت ئەللىك ئاتلىق لەشكەرنى،
ئون جەڭ ھارۋىسى بىلەن ئون مىڭ پىيادە ئەسكىرىنىلا قالدۇرغانىدى.
چۈنكى ئۇ يەھوئاھازنىڭ قوشۇنىنى يوقىتىپ خاماندىكى توپا-
چاڭدەك قىلىۋەتكەنىدى.

[8]ئەمدى يەھوئاھازنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ
ھەممىسى، جۈملىدىن سەلتەنىتىنىڭ ھەممە قۇدرىتى «ئىسرائىل
پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن
ئەمەسمىدى؟ [9]يەھوئاھاز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە
سامارىيەدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى يوئاش ئورنىدا پادىشاھ
بولدى.

---

6:13 **««ئاشەراھ» بۇتلار»** — بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم ئايال بۇت شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

## يوئاش سامارىيە ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدۇ
## «يوئاش»نىڭ باشقا شەكلى يەھوئاش.

[10] يەھۇدانىڭ پادىشاھى يوئاشنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز يەتتىنچى
يىلىدا يەھوئاھازنىڭ ئوغلى يەھوئاش سامارىيەدە ئىسرائىلغا
پادىشاھ بولۇپ، ئون ئالتە يىل سەلتەنەت قىلدى. [11] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ
نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى؛ ئۇ ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان،
نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى
تاشلىمىدى؛ ئۇ شۇ يولدا ماڭاتتى.
[12] ئەمدى يوئاشنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى،
جۈملىدىن ئۇنىڭ يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا بىلەن جەڭ
قىلىپ كۆرسەتكەن قۇدرىتى «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-
تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ [13] يوئاش
ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە يەروبوئام ئۇنىڭ تەختىگە
ئولتۇردى. يوئاش سامارىيەدە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرى ئارىسىدا
دەپنە قىلىندى.

## ئېلىشانىڭ ئاخىرقى بېشارىتى

[14] ئېلىشا ئۆز ئەجىلىنى يەتكۈزىدىغان كېسەل بىلەن ياتتى.
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە
ئېڭىشىپ يىغلاپ: ئى ئاتام، ئى ئاتام، ئىسرائىلنىڭ جەڭ ھارۋىسى
ھەم ئاتلىق ئەسكەرلىرى!» دەپ پەرياد كۆتۈردى.
[15] ئېلىشا ئۇنىڭغا: بىر يا بىلەن يا ئوقلىرىنى كەلتۈرگىن، دېدى.
ئۇ يا بىلەن يا ئوقلىرىنى كەلتۈرگەندە [16] ئېلىشا ئىسرائىلنىڭ

---

10:13 **«يەھوئاش»** — «يوئاش»نىڭ باشقا شەكلى.

14:13 **«ئىسرائىلنىڭ جەڭ ھارۋىسى»** — ياكى «ئىسرائىلنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى». **«ئىسرائىلنىڭ جەڭ ھارۋىسى ھەم ئاتلىق ئەسكەرلىرى!»** — دېگەن ئىبارە بەلكىم پادىشاھنىڭ ئېلىشا پەيغەمبەرگە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى — ئېلىشا پەيغەمبەر (ئىلياس پەيغەمبەردەك) ئىسرائىلغا ھەم باشپاناھ ھەم ئۆزى «بىر كىشىلىك قوشۇن»دەك بولۇپ كەلگەنىدى

**14:13** 2پاد. 12:2

پادىشاھقا: قولۇڭنى ياغا سېلىپ تۇتقىن، دېدى. ئۇ قولىنى قويغاندا
ئېلىشامۇ قوللىرىنى پادىشاھنىڭ قوللىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،
ئۇنىڭغا: [17]— مەشرىق تەرەپتىكى دېرىزىنى ئاچقىن، دېدى. ئۇ ئۇنى
ئاچقاندا ئېلىشا: ئاتقىن، دېدى. ئۇ ئېتىۋىدى، ئېلىشا ئۇنىڭغا:
مانا بۇ پەرۋەردىگارنىڭ نۇسرەت يا ئوقى، يەنى سۇرىيەنىڭ ئۈستىدىن
نۇسرەت قازىنىدىغان يا ئوقىدۇر. سەن سۇرىيلەرنى يوقاتقۇچە ئافەقتە
ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىسەن، دېدى.
[18] ئاندىن ئۇ: — يا ئوقلىرىنى قولۇڭغا ئالغىن، دېدى. ئۇلارنى ئالغاندا،
ئېلىشا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا: ئۇلار بىلەن يەرگە ئۇرغىن،
دېدى. ئۇ ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ توختىدى. [19] خۇدانىڭ ئادىمى ئۇنىڭغا
ئاچچىقلىنىپ: سەن بەش-ئالتە قېتىم ئۇرۇشۇڭغا توغرا كېلەتتى.
شۇنداق قىلغان بولساڭ، سەن سۇرىيلەرنى ئۇرۇپ يوقىتىپ ئۈزۈل-
كېسىل مەغلۇپ قىلاتتىڭ؛ لېكىن ئەمدى سۇرىيلەرنى ئۇرۇپ، پەقەت
ئۈچ قېتىملا مەغلۇپ قىلالايسەن، دېدى.
[20] ئېلىشا ئۆلۈپ دەپنە قىلىندى.
ئەمدى ھەر يىلى، يىل بېشىدا موئابلاردىن توپ-توپ بۇلاڭچىلار
يۇرتقا پاراكەندىچىلىك سالاتتى. [21] بىر كۈنى شۇنداق بولدىكى،
خەلق بىر ئۆلگەن ئادەمنى يەرلىككە قويۇۋاتقاندا، مانا، ئۇلار بىر
توپ بۇلاڭچىلارنى كۆرۈپ قالدى، ئۇلار جەسەتنى ئېلىشانىڭ گۆرىگە
تاشلىدى. جەسەت ئېلىشانىڭ ئۈستىخىنىغا تەگكەندە، ئۇ تىرىلىپ،
قوپۇپ تىك تۇردى.
[22] ئەمما سۇرىيەنىڭ پادىشاھى ھازائەل بولسا يەھوئاھازنىڭ ھەممە
كۈنلىرىدە ئىسرائىلغا زالىملىق قىلاتتى. [23] لېكىن پەرۋەردىگار
ئۇلارغا مېھرىبان بولۇپ ئىچ ئاغرىتاتتى؛ ئىبراھىم بىلەن ئىسھاق ۋە
ياقۇپقا باغلىغان ئەھدىسى تۈپەيلىدىن ئۇ ئۇلارغا ئىلتىپات قىلىپ،
ئۇلارنى بۈگۈنگە قەدەر ھالاك قىلماي، ئۆز ھۇزۇرىدىن چىقىرىۋېتىشنى
خالىمىغانىدى.

---

**17:13** 1پاد. 30:20

[24] سۈرىيەنىڭ پادىشاھى ھازائەل ئۆلدى ۋە ئوغلى بەن-ھاداد ئۇنىڭ
ئورنىدا پادىشاھ بولدى. [25] ئاندىن كېيىن يەھوئاھازنىڭ ئوغلى
يەھوئاش ھازائەلنىڭ ئوغلى بەن-ھادادنىڭ قولىدىن ھازائەل ئۆز
ئاتىسى يەھوئاھازدىن جەڭدە تارتىۋالغان شەھەرلەرنى ياندۇرۇۋالدى.
يەھوئاش ئۇنى ئۈرۈپ، ئۈچ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن
ئىسرائىلنىڭ شەھەرلىرىنى ياندۇرۇۋالدى.

## ئامازىيانىڭ يەھۇداغا بولغان سەلتەنىتى

2تار. 25:1-28

14 [1] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوئاھازنىڭ ئوغلى يوئاشنىڭ
سەلتەنىتىنىڭ ئىككىنچى يىلىدا يەھۇدادىكى يوئاشنىڭ
ئوغلى ئامازىيا يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. [2] پادىشاھ بولغاندا ئۇ
يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەنىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا يىگىرمە توققۇز يىل
سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يېرۇسالېملىق يەھوئاددان ئىدى.
[3] ئامازىيا پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلاتتى، لېكىن
ئەجدادى داۋۇت قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئاتىسى يوئاشنىڭ بارلىق
قىلغانلىرى بويىچە ئىش كۆرەتتى. [4] پەقەت «يۇقىرى جايلار»لا
يوقىتىلمىدى؛ خەلق يەنىلا «يۇقىرى جايلار»غا چىقىپ قۇربانلىق
قىلىپ خۇشبۇي ياقاتتى.
[5] ۋە شۇنداق بولدىكى، سەلتەنىتى ئۇنىڭ قولىدا مۇقىم
بولغاندا، ئۇ پادىشاھ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن خىزمەتكارلىرىنى
تۇتۇپ ئۆلتۈردى. [6] لېكىن مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن كىتابىدا
پەرۋەردىگارنىڭ: «ئاتىلارنى ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم
قىلىشقا بولمايدۇ يا ئوغۇللىرىنى ئاتىلىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ھەربىرى ئۆز گۇناھى ئۈچۈن

**2:14** 2تار. 1:25
3:14 **«ئەجدادى داۋۇت»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاتىسى داۋۇت».

ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن» دەپ پۈتۈلگەن ئەمرى بويىچە، ئۇ
ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمىدى.
7 ئۇ «شور ۋادىسى»دا ئېدومىيلاردىن ئون مىڭ ئەسكەرنى ئۆلتۈردى
ۋە جەڭ قىلىپ سېلانى ئىشغال قىلىپ ئۇنى يوقتەئەل دەپ ئاتىدى؛
بۈگۈنگىچە ئۇ شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە. 8 ئاندىن كېيىن ئامازىيا
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھۇنىڭ نەۋرىسى، يەھوئاھازنىڭ ئوغلى
يەھوئاشنىڭ ئالدىغا ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇپ: «قېنى، جەڭ مەيدانىدا
يۈز تۇرانە كۆرۈشەيلى» دېدى.
9 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوئاش يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىياغا
ئەلچى ئەۋەتىپ مۇنداق سۆزلەرنى يەتكۈزدى: ــ «لىۋاندىكى تىكەن
لىۋاندىكى كېدىر دەرىخىگە سۆز ئەۋەتىپ: ئۆز قىزىڭنى ئوغلۇمغا
خوتۇنلۇققا بەرگىن، دېدى. لېكىن لىۋاندىكى بىر ياۋايى ھايۋان ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ، تىكەننى دەسسىۋەتتى.
10 سەن دەرۋەقە ئېدومنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىڭ؛ كۆڭلۈڭدە ئۆز-
ئۆزۈڭدىن مەغرۇرلىنىپ كەتتىڭ. ئەمدى يايراپ پەخىرلەن، بىراق
ئۆيدە قالغىن؛ نېمىشقا بېشىڭغا كۈلپەت كەلتۈرۈپ، ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزۈڭ
بىلەن يەھۇدانى بالاغا يىقىتىسەن؟».
11 ئەمما ئامازىيا قۇلاق سالمىدى. ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوئاش
جەڭگە چىقتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا بىلەن
يەھۇدادىكى بەيت-شەمەشتە ئۇچرىشىپ سوقۇشتى. 12 يەھۇدانىڭ
ئادەملىرى ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىنىپ،
ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كەتتى. 13 ۋە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
يەھوئاش بەيت-شەمەشتە ئاھازىيانىڭ نەۋرىسى، يەھوئاشنىڭ

**6:14** قان. 16:24؛ ئەز. 20:18

**10:14 «نېمىشقا بېشىڭغا كۈلپەت كەلتۈرۈپ، ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزۈڭ بىلەن يەھۇدانى بالاغا يىقىتىسەن؟»** ــ يەھوئاش ئېيتقان تەمسىلنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: «سەن پەقەت بىر تىكەندۇرسەن، ئۆزۈم كېدىردەك ئۇلۇغ ئادەممەن، ئۆزۈڭگە ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمە. سېنىڭ ئۇلۇغ پىلانىڭ ھەرتۈرلۈك تاسادىپىيلىقتىن مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن» دېگەندەك. گەرچە يەھوئاش پادىشاھنى «بۇتپەرەس كاپىر» دەپ ھېسابلىغىلى بولسىمۇ، مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ نەسىھەتى توغرا ئىدى

ئوغلى، يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيانى ئەسىر قىلىپ، يېرۇسالېمغا
ئېلىپ باردى؛ ئۇ يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنىڭ ئەفرائىم دەرۋازىسىدىن
تارتىپ بۇرجەك دەرۋازىسىغىچە بولغان تۆت يۈز گەزلىك بىر بۆلىكىنى
ئۆرۈۋەتتى.
14 ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىن ھەمدە پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى
خەزىنىدىن تېپىلغان بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش، ھەممە قاچا-قۇچىلارنى
بۇلىۋالدى ۋە كېپىللىك سۈپىتىدە بىرنەچچە تۇتقۇننى ئېلىپ
سامارىيەگە يېنىپ كەتتى. 15 ئەمما يەھوئاشنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم
قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى، جۈملىدىن ئۇنىڭ يەھۇدانىڭ پادىشاھى
ئامازىيا بىلەن جەڭ قىلىپ كۆرسەتكەن قۇدرىتى «ئىسرائىل
پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن
ئەمەسمىدى؟
16 يەھوئاش ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە سامارىيەدە
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئارىسىدا دەپنە قىلىندى. ئوغلى
يەروبوئام ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى. 17 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
يەھوئاھازنىڭ ئوغلى يەھوئاش ئۆلگەندىن كېيىن، يەھوئاشنىڭ
ئوغلى، يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا ئون بەش يىل ئۆمۈر كۆردى.
18 ئەمدى ئامازىيانىڭ باشقا ئەمەللىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ
ھەممىسى «يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن
كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ 19 ئۇ يېرۇسالېمدا بەزىلەر ئۇنى
قەستلەشكە كىرىشكەندى، لاقىش شەھىرىگە قېچىپ كەتتى؛
لېكىن قەستلىگۈچىلەر كەينىدىن لاقىشقا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ يەردە
ئۇنى ئۆلتۈردى. 20 ئاندىن ئۇلار ئۇنى ئاتلارغا ئارتىپ يېرۇسالېمغا
ئېلىپ باردى. ئۇ يېرۇسالېمدا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا «داۋۇتنىڭ
شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى. 21 يەھۇدانىڭ بارلىق خەلقى ئۇنىڭ

---

**13:14 «تۆت يۈز گەزلىك...»** ــ تەۋراتتا «گەز» (ياكى «جەينەك») قولنىڭ جەينەكتىن بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى، يەنى 0.454 مېتر ئۇزۇنلۇق ئىدى.

**19:14** 2تار. 27:25

ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ئوغلى ئازارىيانى تىكلەپ، ئۇنى ئاتىسى ئامازىيانىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلدى [22](پادىشاھ ئاتىسى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئېلات شەھىرىنى قايتىدىن ياساپ، يەھۇداغا يەنە تەۋە قىلغۇچى دەل ئازارىيا ئىدى).

## يەروبوئام II-نىڭ ئىسرائىل ئۈستىگە پادىشاھ بولۇشى

[23] يەھۇدانىڭ پادىشاھى يوئاشنىڭ ئوغلى ئامازىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون بەشىنچى يىلىدا، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوئاشنىڭ ئوغلى يەروبوئام ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلاپ، سامارىيەدە قىرىق بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. [24] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى؛ ئۇ ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھېچبىرىنى تاشلىمىدى.
[25] ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز قۇلى گات-ھەفەرلىك ئامىتتاينىڭ ئوغلى يۇنۇس پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئۇ شىمالدا خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىدىن تارتىپ جەنۇبتا «ئاراباھ دېڭىزى»غىچە ئىسرائىلنىڭ چېگرالىرىنى كېڭەيتىپ ئەسلىگە كەلتۈردى. [26] چۈنكى پەرۋەردىگار ئىسرائىلنىڭ تارتقان ئازابلىرىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق ئىكەنلىكىنى كۆردى؛ ئاجىزلار ھەم مېيىپلاردىن باشقا ھېچكىم قالمىدى، ئىسرائىلغا مەدەتكار يوق ئىدى. [27] پەرۋەردىگار: «ئىسرائىلنىڭ نامىنى ئاسماننىڭ ئاستىدىن

21:14 2تار. 1:26
22:14 **«پادىشاھ ... ئېلات شەھىرىنى قايتىدىن ياساپ، يەھۇداغا يەنە تەۋە قىلغۇچى دەل ئازارىيا ئىدى»** — ياكى «پادىشاھ ئاتىسى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئازارىيا ئېلات شەھىرىنى قايتىدىن ياساپ ئۇنى يەھۇداغا يەنە تەۋە قىلدى»
25:14 **«خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىدىن تارتىپ...»** — ياكى «لىبو-خاماتتىن تارتىپ...».
**«ئاراباھ دېڭىزى»** — «ئۆلۈك دېڭىز»دۇر.
25:14 يۇن. 1:1؛ مات. 12:39، 40
26:14 **«ئاجىزلار ھەم مېيىپلاردىن باشقا ھېچكىم قالمىدى، ئىسرائىلغا مەدەتكار يوق ئىدى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەيلى قۇل بولسۇن، ھۆر بولسۇن، ئىسرائىلغا مەدەتكار يوق ئىدى».

يوقـتـمـەن» دېگـەن ئـەمـەس ئـىدى؛ شۇڭا ئۇ يـەھوئاشـنـىڭ ئـوغـلـى
يـەروبوئامـنـىڭ قـولـى بـىلـەن ئۇلارنى قۇتقۇزدى.
[28] ئـەمـدى يـەروبوئامـنـىڭ بـاشـقـا ئـىـشـلـىـرى ھـەم قـىـلـغـانـلـىـرىـنـىـڭ
ھـەمـمـىـسـى، جۈمـلـىـدىـن ئۇنـىـڭ سـەلـتـەنـتـىـنـىـڭ قـۇدرىـتـى ۋە قـانـداق
جـەڭ قـىـلـىـپ، ئـەسـلـى يـەھۇداغـا تـەۋە بـولـغـان دەمـەشـق بـىـلـەن خـامـاتـنـى
يـانـدۇرۇۋالـغـانـلـىـقـى «ئـىـسـرائـىـل پـادىـشـاھـلـىـرىـنـىـڭ تـارىـخ-تـەزكـىـرىـلـىـرى»
دېگـەن كـىـتـابـتـا پۈتۈلـگـەن ئـەمـەسـمـىـدى؟
[29] يـەروبوئام ئـاتـا-بـوۋىـلـىـرى، يـەنـى ئـىـسـرائـىـلـنـىـڭ پـادىـشـاھـلـىـرىـنـىـڭ
ئـارىـسـىـدا ئـۇخـلـىـدى ۋە ئـوغـلـى زەكـەرىـيـا ئۇنـىـڭ ئـورنـىـدا پـادىـشـاھ بـولـدى.

## ئازارىيا ـ يەنى ئۇززىيا ـ يەھۇداغا سەلتەنەت قىلدۇ

2تار. 26:1-23

15 [1] ئـىـسـرائـىـلـنـىـڭ پـادىـشـاھـى يـەروبوئامـنـىـڭ سـەلـتـەنـتـىـنـىـڭ
يـىـگـىـرمـە يـەتـتـىـنـچـى يـىـلـىـدا ئـامـازىـيـانـىـڭ ئـوغـلـى ئـازارىـيـا
يـەھۇدانـىـڭ پـادىـشـاھـى بـولـدى. [2] ئۇ ئـالـتـە يـاشـقـا كـىـرگـەنـدە پـادىـشـاھ
بـولـۇپ يېـرۇسـالـېـمـدا ئـەللـىـك ئـىـكـكـى يـىـل سـەلـتـەنـەت قـىـلـدى. ئۇنـىـڭ
ئـانـىـسـىـنـىـڭ ئـىـسـمـى يـەكـولـىـيـا بـولـۇپ، ئۇ يېـرۇسـالـېـمـلـىـق ئـىـدى. [3] ئۇ ئـاتـىـسـى
ئـامـازىـيـانـىـڭ بـارلـىـق قـىـلـغـانـلـىـرىـدەك پـەرۋەردىـگـارنـىـڭ نـەزىـرىـدە دۇرۇس
بـولـغـانـنـى قـىـلاتـتـى. [4] پـەقـەت «يۇقـىـرى جـايـلار»لا يـوقـىـتـىـلـمـىـدى؛ خـەلـق يـەنـىـلا
«يۇقـىـرى جـايـلار»غـا چـىـقـىـپ قـۇربـانـلـىـق قـىـلـىـپ خۇشـبـۇي يـاقـاتـتـى.
[5] ئـەمـمـا پـەرۋەردىـگـار پـادىـشـاھـنـى ئۇرۇپ، ئۇنـىـڭ ئۆلـۈمـىـگـىـچـە ئۇنـى
مـاخـاۋ كـېـسـىـلـىـگـە مۇپـتـىـلا قـىـلـغـاچ، ئۇ ئـايـرىـم ئۆيـدە تـۇراتـتـى ۋە
پـادىـشـاھـنـىـڭ ئـوغـلـى يوتـام ئـوردىـنـى بـاشـقـۇرۇپ يـۇرتـنـىـڭ خـەلـقـىـنـىـڭ

1:15 **«ئازارىيا»** ــ «ئازارىيا»نىڭ باشقا شەكلى «ئۇززىيا».
**1:15** 2پاد. 21:14؛ 2تار. 1:26
**2:15** 2تار. 1:26، 3؛ 2تار. 3:27

ئۇستىگە ھۆكۈم سۈرەتتى.
[6]ئازارىيانىڭ باشقا ئەمەللىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ [7]ئازارىيا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى؛ كىشىلەر ئۇنى «داۋۇتنىڭ شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا دەپنە قىلدى. ئوغلى يوتام ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىل ئۈستىگە يەنە بىرنەچچە پادىشاھ قىسقا ۋاقىت سەلتەنەت قىلدۇ

[8]يەھۇدا پادىشاھى ئازارىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز سەككىزىنچى يىلىدا، يەروبوئامنىڭ ئوغلى زەكەرىيا سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، ئالتە ئاي سەلتەنەت قىلدى. [9]ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى قىلغاندەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلاتتى؛ ئۇ ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىدىن چىقمىدى.
[10]يابەشنىڭ ئوغلى شاللۇم ئۇنىڭغا قەست قىلىپ، ئۇنى خەلقنىڭ ئالدىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. [11]زەكەرىيانىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ [12]ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى پەرۋەردىگارنىڭ يەھۇغا: ــ سېنىڭ ئوغۇللىرىڭ تۆتىنچى نەسلىگىچە ئىسرائىلنىڭ تەختىدە ئولتۇرىدۇ، دېگەن سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. دەرۋەقە شۇنداق بولدى.
[13]يابەشنىڭ ئوغلى شاللۇم يەھۇدا پادىشاھى ئازارىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلىدا پادىشاھ بولۇپ، سامارىيەدە تولۇق بىر ئاي سەلتەنەت قىلدى. [14]گادىنىڭ ئوغلى مەناھەم تىرزاھدىن

5:15 «پەرۋەردىگار پادىشاھنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگىچە ئۇنى ماخاۋ كېسىلىگە مۇپتىلا قىلغاچ، ئۇ ئايرىم ئۆيدە تۇراتتى» ــ بۇ ۋەقە توغرۇلۇق «2تار.» 26:16-21نى كۆرۈڭ.
12:15 2پاد. 30:10

چىقىپ، سامارىيەگە كىلىپ، يابەشنىڭ ئوغلى شاللۇمنى شۇ يەردە ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
[15] شاللۇمنىڭ باشقا ئىشلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ قەست قىلىشلىرى، مانا «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەندۇر.
[16] شۇ چاغدا مەناھەم تىپساھ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى؛ ئۇ يەنە تىرزاھدىن تارتىپ ئۇنىڭغا تەۋە بارلىق زېمىنلىرىنى ۋەيران قىلدى. ئۇلار تەن بېرىپ دەرۋازىنى ئاچمىغىنى ئۈچۈن شەھەرگە شۇنداق ھۇجۇم قىلدىكى، ھەتتا ئۇنىڭدىكى جىمى ھامىلدار ئاياللارنىڭ قارنىنى يېرىتىپ ئۆلتۈردى.

## مەناھەمنىڭ ئىسرائىل ئۈستىگە بولغان سەلتەنىتى

[17] يەھۇدا پادىشاھى ئازارىيا سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلىدا، گادىنىڭ ئوغلى مەناھەم ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، سامارىيەدە ئون يىل سەلتەنەت قىلدى. [18] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىدىن چىقمىدى. [19] ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى پۇل ئىسرائىل زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلدى؛ ئۇ ۋاقىتتا مەناھەم: «پادىشاھلىقىمنىڭ مۇستەھكەملىكى ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلغايلا» دەپ ئۇنىڭغا مىڭ تالانت كۈمۈش بەردى. [20] مەناھەم ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىغا بېرىدىغان شۇ پۇلنى ئىسرائىلنىڭ ھەممە باي ئادەملىرىگە باج سېلىش بىلەن ئالدى؛ ئۇ ھەربىرىدىن ئەللىك شەكەل كۈمۈش ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى قايتىپ

19:15 **«مىڭ تالانت كۈمۈش»** ــ بىر تالانت بەلكىم 30.6 كىلوگرام ئىدى، شۇڭا بۇ 30.6 توننا كۈمۈش ئىدى.
**19:15** 1تار. 26:5

كەتتى ۋە بۇ زېمىندا تۇرۇپ قالمىدى.
[21] مەناھەمنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟ [22] مەناھەم ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە ئوغلى پەكاھىيا ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## پەكاھىيانىڭ ئىسرائىل ئۈستىگە بولغان سەلتەنتى

[23] يەھۇدا پادىشاھى ئازارىيانىڭ سەلتەنتىنىڭ ئەللىكىنچى يىلىدا، مەناھەمنىڭ ئوغلى پەكاھىيا سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. [24] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ، ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىدىن چىقمىدى.
[25] ۋە ئۇنىڭ سەردارى رەمالىيانىڭ ئوغلى پىكاھ ئۇنىڭغا قەست قىلىپ ئۇنى سامارىيەدە، پادىشاھ ئوردىسىدىكى قەلئەدە ئۆلتۈردى؛ شۇ ئىشتا ئارگوب بىلەن ئارىيە ۋە ئەللىك گىلېئادلىق كىشى پىكاھ تەرەپتە تۇردى؛ ئۇ پەكاھىيانى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. [26] پەكاھىيانىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بولسا، مانا «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەندۇر.

## پىكاھنىڭ ئىسرائىل ئۈستىگە بولغان سەلتەنتى

[27] يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئازارىيانىڭ سەلتەنتىنىڭ ئەللىك ئىككىنچى يىلىدا، رەمالىيانىڭ ئوغلى پىكاھ سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، يىگىرمە يىل سەلتەنەت قىلدى. [28] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامنىڭ گۇناھلىرىدىن چىقمىدى.
[29] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى پىكاھنىڭ كۈنلىرىدە ئاسۇرىيەنىڭ

20:15 **«ئەللىك شەكەل»** — بەلكىم 570 گىرام كۈمۈش بولاتتى.

پادىشاھى تىگلات-پىلەسەر كېلىپ ئىيون، ئابەل-بەيت-مائاكاھ،
يانوئاھ، كەدەش، ھازور، گىلېئاد، گالىلىيە، جۇملىدىن نافتالىنىڭ
پۈتكۈل زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، شۇ يەردىكى خەلقنى تۇتقۇن
قىلىپ، ئاسۇرىيەگە ئېلىپ باردى.
30 ئەلاھنىڭ ئوغلى ھوشىيا رەمالىيانىڭ ئوغلى پىكاھقا قەست
قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۇززىيانىڭ ئوغلى يوتامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ
يىگىرمىنچى يىلىدا، ئۇ پىكاھنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
31 پىكاھنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى
بولسا، مانا «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى»
دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەندۇر.

## يوتامنىڭ يەھۇدا ئۈستىگە بولغان سەلتەنىتى

2تار. 27:1-9

32 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى رەمالىيانىڭ ئوغلى پىكاھنىڭ
سەلتەنىتىنىڭ ئىككىنچى يىلىدا، ئۇززىيانىڭ ئوغلى يوتام
يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. 33 ئۇ پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش
ياشقا كىرگەن بولۇپ، يېرۇسالېمدا ئون ئالتە يىل سەلتەنەت
قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى يەرۇشا ئىدى؛ ئۇ زادوكنىڭ
قىزى ئىدى.
34 يوتام ئاتىسى ئۇززىيانىڭ بارلىق قىلغانلىرىدەك پەرۋەردىگارنىڭ
نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلاتتى. 35 پەقەت «يۇقىرى جايلار»لا
يوقىتىلمىدى؛ خەلق يەنىلا «يۇقىرى جايلار»غا چىقىپ قۇربانلىق
قىلىپ خۇشبۇي ياقاتتى.
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ «يۇقىرىقى دەرۋازا»سىنى ياسىغۇچى شۇ ئىدى.
36 يوتامنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى

---

**29:15** يەش. 23:8

**30:15** **«ئۇززىيا»** ــ «ئازارىيا»نىڭ ئىككىنچى شەكلىدۇر.

**33:15** 2تار. 27:1-9

«ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا
پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
[37] شۇ چاغلاردا پەرۋەردىگار سۇرىيەنىڭ پادىشاھى رەزىن بىلەن
رەمالىيانىڭ ئوغلى پېكاھنى يەھۇداغا ھۇجۇم قىلىشقا قوزغىدى.
[38] يوتام ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
ئارىسىدا ئاتىسى داۋۇتنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئاھاز
ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئاھازنىڭ يەھۇدا ئۈستىگە بولغان سەلتەنىتى

2تار. 28:1-27

16 [1] رەمالىيانىڭ ئوغلى پېكاھنىڭ ئون يەتتىنچى يىلىدا،
يوتامنىڭ ئوغلى ئاھاز يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. [2] ئاھاز
پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە ياشقا كىرگەن بولۇپ، يېرۇسالېمدا ئون
ئالتە يىل سەلتەنەت قىلغانىدى. ئۇ ئاتىسى داۋۇت قىلغاندەك
ئەمەس، ئەكسىچە خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى
قىلمىدى. [3] ئۇ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ يولىدا ماڭاتتى، ھەتتا
پەرۋەردىگار ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ چىقارغان ئەللەرنىڭ
يىرگىنچلىك گۇناھلىرىغا ئەگىشىپ، ئۆز ئوغلىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈپ
كۆيدۈردى. [4] ئۇ «يۇقىرى جايلار»دا، دۆڭلەردە ۋە ھەربىر كۆك
دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا قۇربانلىق قىلىپ، كۆجە كۆيدۈرەتتى.
[5] شۇ ۋاقىتتا سۇرىيەنىڭ پادىشاھى رەزىن بىلەن ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھى، رەمالىيانىڭ ئوغلى پېكاھ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ،
پادىشاھ ئاھازنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشىۋالغىنى بىلەن، لېكىن

---

**37:15** 2پاد. 5:16؛ يەش. 1:7

**1:16** 2تار. 1:28

**3:16** لاۋ. 21:18؛ 2:20، 3؛ 2پاد. 31:17

ئۇنى مەغلۇپ قىلالمىدى. [6] ئاشۇ ۋاقىتتا سۇرىيەنىڭ پادىشاھى رەزىن
ئېلات شەھىرىنى سۇرىيەگە قايتۇرۇۋالدى ۋە شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان
يەھۇدالارنى ھەيدىۋەتتى. ئاندىن سۇرىيلەر كېلىپ ئۇ يەردە
ئولتۇراقلاشتى؛ ئۇلار بۈگۈنگىچە شۇ يەردە تۇرماقتا.
[7] ئاھاز ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى تىگلات-پىلەسەرگە ئەلچىلەرنى
ئەۋەتىپ: مەن سىلىنىڭ قۇللىرى، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى بولىمەن؛
ماڭا ھۇجۇم قىلىۋاتقان سۇرىيەنىڭ پادىشاھىنىڭ قولىدىن ۋە
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشقا چىققايلا،
دېدى. [8] شۇنى ئېيتىپ ئاھاز پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ۋە پادىشاھنىڭ
ئوردىسىدىكى خەزىنىلەردىكى كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى سوۋغا قىلىپ،
ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىغا ئەۋەتتى.
[9] ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن
ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى دەمەشققە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال
قىلدى؛ ئۇنىڭدىكى ئاھالىنى تۇتقۇن قىلىپ كىر شەھىرىگە
ئېلىپ باردى ۋە رەزىننى ئۆلتۈردى. [10] ئاھاز پادىشاھ ئەمدى
ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى تىگلات-پىلەسەر بىلەن كۆرۈشكىلى
دەمەشققە باردى ۋە شۇنداقلا دەمەشقتىكى قۇربانگاھنى كۆردى.
ئاندىن ئاھاز پادىشاھ شۇ قۇربانگاھنىڭ رەسىمىنى، ئۇنىڭ بارلىق
ياسىلىش تەپسىلاتلىرىنىڭ لايىھىسىنى سىزىپ، ئۇنى ئۇرىيا
كاھىنغا يەتكۈزدى. [11] شۇنىڭ بىلەن ئۇرىيا كاھىن ئاھاز پادىشاھ
دەمەشقتىن ئەۋەتكەن بارلىق تەپسىلاتلار بويىچە بىر قۇربانگاھ
ياسىدى. ئاھاز پادىشاھ دەمەشقتىن يېنىپ كەلمەستە، ئۇرىيا
كاھىن ئۇنى شۇنداق تەييار قىلغانىدى. [12] پادىشاھ دەمەشقتىن
يېنىپ كېلىپ، قۇربانگاھنى كۆرۈپ، قۇربانگاھقا بېرىپ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە قۇربانلىق سۇندى؛ [13] ئۇ قۇربانگاھنىڭ ئۈستىگە كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ۋە ئاشلىق ھەدىيەسىنى كۆيدۈرۈپ، شاراب ھەدىيەسىنى

**5:16** يەش. 7:1
**8:16** 2تار. 28:21

**تۆكۈپ، ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ قېنىنى چاچتى.**
**[14] شۇنداق قىلىپ ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىنىڭ ئالدىدىكى مىس**
**قۇربانگاھنى ئېلىپ ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى بىلەن ئۆزىنىڭ**
**قۇربانگاھىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز قۇربانگاھىنىڭ**
**شىمال تەرىپىگە قويدۇردى. [15] ئاھاز پادىشاھ ئۇرىيا كاھىنغا بۇيرۇق**
**قىلىپ: مۇشۇ چوڭ قۇربانگاھ ئۈستىگە ئەتىگەنلىك كۆيدۈرمە**
**قۇربانلىق بىلەن كەچلىك ئاشلىق ھەدىيەسىنى، پادىشاھنىڭ**
**كۆيدۈرمە قۇربانلىقى بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسىنى، ھەممە يۇرتنىڭ**
**پۈتۈن خەلقىنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقى، ئاشلىق ھەدىيەلىرى ۋە**
**شاراب ھەدىيەلىرىنى كۆيدۈرۈپ سۇنىسەن. كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنىڭ**
**بارلىق قانلىرى ۋە باشقا قۇربانلىقلارنىڭ بارلىق قانلىرىنى ئۇشبۇ**
**قۇربانلىقنىڭ ئۈستىگە تۆكىسەن. مىس قۇربانگاھ بولسا مېنىڭ يول**
**سورىشىم ئۈچۈن بولسۇن، دېدى.**
**[16] شۇنىڭ بىلەن ئۇرىيا كاھىن ئاھاز پادىشاھ بۇيرۇغانىنىڭ ھەممىسىنى**
**ئادا قىلدى.**
**[17] ئاھاز پادىشاھ داس تەگلىكلىرىگە بېكىتىلگەن تاختايلارنى كېسىپ**
**ئاجرىتىپ، داسلارنى تەگلىكلىرىدىن ئېلىۋەتتى؛ ئۇ مىس «دېڭىز»نى**
**تېگىدىكى مىس ئۆيلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئۇنى تاش**
**تاختايلىق بىر مەيدانغا قويدۇردى. [18] ئۇ ئاسۇرىيە پادىشاھىنى رازى**
**قىلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە تۇتىشىدىغان «شابات كۈنىدىكى**
**ئايۋانلىق يول» بىلەن پادىشاھ تاشقىرىدىن كىرىدىغان يولنى ئېتىۋەتتى.**
**[19] ئاھازنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «يەھۇدا**
**پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن**

**14:16 «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى»** ــ مۇشۇ يەردە ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي»نى كۆرسىتىدۇ
**15:16 «مىس قۇربانگاھ بولسا مېنىڭ يول سورىشىم ئۈچۈن بولسۇن»** ــ پادىشاھنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى بەلكىم «بۇ قۇربانگاھنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەرۋەردىگاردىن يول سورايمەن». قىزىق يېرى شۇكى، ئاھازدەك بىر ئىنسان بۇتپەرەسلىككە بېرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنىلا پەرۋەردىگاردىن يول سورىماقچى بولىدۇ.
**17:16** 1پاد. 7:23-51

ئەمەسمىدى؟
[20]ئاھاز ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى؛ ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
ئارىسىدا «داۋۇتنىڭ شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى؛ ئوغلى ھەزەكىيا
ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ھوشىيا ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈم سۈردۇ

17 [1]يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاھازنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون
ئىككىنچى يىلىدا، ئېلاھنىڭ ئوغلى ھوشىيا سامارىيەدە
ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، توققۇز يىل سەلتەنەت قىلدى. [2]ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلاتتى؛ لېكىن ئۇنىڭدىن
ئىلگىرى ئۆتكەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىدەك ئۇنداق رەزىللىك
قىلمايتتى.
[3]ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى شالمانئېزەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغىلى
چىققاندا، ھوشىيا ئۇنىڭغا بېقىنىپ سوۋغا-سالام بەردى. [4]ئەمما
ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى ھوشىيانىڭ ئاسىيلىق قىلماقچى بولغىنىنى
بايقىدى؛ چۈنكى ھوشىيا بۇرۇنقىدەك ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىغا
يىللىق سوۋغا-سالام يوللىماي، بەلكى مىسىرنىڭ پادىشاھى سوغا
ئەلچىلەرنى ماڭدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى
ئۇنى تۇتۇپ، باغلاپ زىندانغا سولىۋەتتى. [5]ئاندىن ئاسۇرىيەنىڭ
پادىشاھى چىقىپ پۈتكۈل ئىسرائىل زېمىنىنى تالان-تاراج قىلىپ،
سامارىيەنى ئۈچ يىلغىچە قامال قىلدى. [6]ھوشىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ
توققۇزىنچى يىلىدا، ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى سامارىيەنى ئىشغال
قىلىپ، ئىسرائىللارنى ئاسۇرىيەگە سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنى خالاھ
شەھىرى، گوزاندىكى خابور دەرياسىنىڭ بويلىرى ۋە مېدىئالارنىڭ
شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى.

---

**5:17** 2پاد. 9:18

**6:17** 2پاد. 10:18؛ يەش. 4:8

## ئىسرائىل، يەنى شىمالىي پادىشاھلىقنىڭ گۇناھلىرى ۋە جازالىنىشى ــ خۇلاسە

[7] مانا، شۇنداق ئىشلار بولدى؛ چۈنكى ئىسرائىللار ئۆزلىرىنى مىسىرنىڭ
پادىشاھى پىرەۋننىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، مىسىر زېمىنىدىن
چىقارغان پەرۋەردىگار خۇداسىغا گۇناھ قىلىپ باشقا ئىلاھلاردىن
قورقۇپ [8] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن ھەيدىۋەتكەن يات
ئەللىكلەرنىڭ قائىدە-بەلگىلىمىلىرىدە، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھلىرى ئۆزلىرى چىقارغان قائىدە-بەلگىلىمىلىرىدە ماڭغانىدى.
[9] ۋە ئىسرائىللار ئۆز پەرۋەردىگار خۇداسىغا قارشى چىقىپ، يوشۇرۇنلارچە
توغرا بولمىغان ئىشلارنى قىلدى؛ ئۇلار بارلىق شەھەرلىرىدە كۆزەت
مۇنارىدىن مۇستەھكەم قورغانغىچە «يۇقىرى جايلار»نى ياسىدى.
[10] ئۇلار ھەممە ئېگىز دۆڭلەردە ۋە ھەممە كۆك دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا «بۇت
تۈۋرۈك» ۋە «ئاشەراھ» بۇتى تۇرغۇزدى. [11] پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن
ھەيدەپ چىقارغان يات ئەللىكلەر قىلغاندەك، ئۇلار ھەممە «يۇقىرى
جايلار»دا خۇشبۇي ياقاتتى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان
ھەرخىل رەزىل ئىشلارنى قىلاتتى. [12] گەرچە پەرۋەردىگار ئۇلارغا: ــ «بۇ
ئىشنى قىلماڭلار!» دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇتلارنىڭ قۇللۇقىغا بېرىلىپ
كەتكەنىدى.

[13] پەرۋەردىگار ھەممە پەيغەمبەرلەر بىلەن ھەممە ئالدىن
كۆرگۈچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەم ئىسرائىلنى ھەم يەھۇدانى
ئاگاھلاندۇرۇپ: رەزىل يوللىرىڭلاردىن يېنىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا
تاپىلانغان ۋە قۇللىرىم بولغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق سىلەرگە
تەستىقلىغان پۈتۈن قانۇنغا بويسۇنۇپ، مېنىڭ ئەمرلىرىم ۋە مېنىڭ

**8:17** لاۋ. 3:18

**9:17** **«كۆزەت مۇنارىدىن مۇستەھكەم قورغانغىچە»** ــ مەنىسى بەلكىم سىپىلدىكى مۇناردىن شەھەرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى قورغانغىچە ــ باشقىچە ئېيتقاندا، «سىرتتىن ئىچكىرىگىچە».

**10:17** **««ئاشەراھ» بۇتلار»** ــ بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم «ئايال مەبۇد» شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**12:17** مىس. 3:20، 4، 5؛ قان. 7:5، 8، 9

بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇڭلار، دېگەنىدى. [14] لېكىن ئۇلار قۇلاق سالماي،
پەرۋەردىگار خۇداسىغا ئىشەنمىگەن ئاتا-بوۋىلىرى قىلغاندەك،
بويۇنلىرىنى قاتتىق قىلدى. [15] ئۇلار ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى،
شۇنداقلا ئۇ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى ۋە
ئۇلارغا تاپشۇرغان ئاگاھ-گۇۋاھلارنى چەتكە قاققان؛ ئۇلار ئەرزىمەس
نەرسىلەرگە ئەگىشىپ، ئۆزلىرى ئەرزىمەس بولۇپ چىقتى؛ پەرۋەردىگار
ئۇلارغا: ــ ئەتراپىڭلاردىكى ئەللىكلەرنىڭ قىلغىنىدەك قىلماڭلار،
دېگەن دەل شۇ ئەللەرگە ئەگىشىپ، رەزىللىك قىلاتتى. [16] ئۇلار خۇداسى
بولغان پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەمرلىرىنى تاشلاپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن
قۇيما مەبۇدلارنى، يەنى ئىككى موزاينى قۇيدۇردى، بىر «ئاشەراھ بۇت»
قىلدۇردى، ئاسماندىكى نۇرغۇنلىغان ئاي-يۇلتۇزلارغا باش ئۇردى ۋە
بائالنىڭ قۇللۇقىغا كىردى. [17] ئۇلار ئۆز ئوغۇللىرى بىلەن قىزلىرىنى
ئوتتىن ئۆتكۈزدى، پالچىلىق ۋە جادۇگەرلىك ئىشلەتتى، شۇنداقلا
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى
سېتىپ ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. [18] شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار
ئىسرائىلغا ئىنتايىن ئاچچىقلىنىپ، ئۇلارنى ئۆز نەزىرىدىن نېرى
قىلدى؛ يەھۇدانىڭ قەبىلىسىدىن باشقا ھېچقايسىسى ئۆز زېمىنىد
قالدۇرۇلمىدى.

---

**13:17** **«تەستىقلىغان»** ــ ياكى «ئەۋەتكەن».

**13:17** يەر. 11:18؛ 5:25؛ 15:35

**14:17** قان. 27:31؛ مال. 7:3

**15:17** **«ئەرزىمەس نەرسىلەر»** ــ مۇشۇ يەردە بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

**16:17** **«ئاسماندىكى نۇرغۇنلىغان ئاي-يۇلتۇزلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاسماندىكى قوشۇن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تەۋراتتىن بىلىمىزكى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ پەرىشتىلەر ۋە بەزى ئەھۋالدا ئاسماندىكى يامان كۈچلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار («زەب.» 4:147، «ئايۇپ» 38:4-7، «ۋەھ.» 4:12نى كۆرۈڭ).

**16:17** مىس. 8:32؛ 1پاد. 28:12

**17:17** **«ئوغۇل-قىزلىرىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈش»** ــ بەلكىم ئۇلارنى «ئىنسان قۇربانلىقى» قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**17:17** لاۋ. 3:20، 4؛ قان. 10:18؛ 2پاد. 3:16

**18:17** ھوش. 6:1

[19] لېكىن يەھۇدامۇ ئۆز خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتمىدى،
بەلكى ئىسرائىل چىقارغان قائىدە-بەلگىلىمىلەر ئىچىدە ماڭدى.
[20] ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار ئىسرائىلنىڭ بارلىق نەسلىنى چەتكە
قاقتى؛ ئۇلارنى ئۆز نەزىرىدىن تاشلىغان كۈنىگىچە زېمىنىد
خارلىققا قالدۇرۇپ، بۇلاڭچىلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى. [21] ئۇ
ئىسرائىلنى داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن تارتىۋالغانىدى. ئۇلار نىباتنىڭ
ئوغلى يەروبوئامنى پادىشاھ قىلدى ۋە يەروبوئام بولسا ئىسرائىلنى
پەرۋەردىگارنىڭ يولىدىن ياندۇرۇپ، ئۇلارنى ئېغىر بىر گۇناھقا
پاتقۇزۇپ ئازدۇردى. [22] ئىسرائىللار يەروبوئامنىڭ قىلغان ھەممە
گۇناھلىرىدا يۈرۈپ، ئۇلاردىن چىقمىدى. [23] ئاخىر بېرىپ پەرۋەردىگار
ئۆز قۇللىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقاندەك،
ئىسرائىلنى ئۆز نەزىرىدىن نېرى قىلدى؛ ئىسرائىللار ئۆز يۇرتىدىن
ئاسۇرىيەگە ئېلىپ كېتىلىپ، ئۇ يەردە بۈگۈنگە قەدەر تۇرۇپ كەلدى.
[24] ئەمما ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى بابىل، كۇتاھ، ئاۋۋا، خامات ۋە
سەفارۋائىمدىن خەلقنى يۆتكەپ ئىسرائىلنىڭ ئورنىغا سامارىيەنىڭ
شەھەرلىرىگە ماكانلاشتۇردى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن سامارىيەگە
ئىگىدارچىلىق قىلىپ شەھەرلەردە ئولتۇردى. [25] ۋە شۇنداق بولدىكى،
ئۇلار ئۇ يەردە دەسلەپتە ئولتۇرغىنىدا پەرۋەردىگاردىن قورقمىغانىدى؛
پەرۋەردىگار ئۇلارنى قىيما-جىيما قىلىدىغان بىرنەچچە شىرلارنى

**19:17** لاۋ. 3:18.

**20:17** **«پەرۋەردىگار ... ئۇلارنى ئۆز نەزىرىدىن تاشلىغان كۈنى»** — بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغىنى خۇدانىڭ ئىسرائىللارنى ئۆز زېمىنىدىن سۈرگۈن قىلدۇرۇش كۈنىدىن ئىبارەتتۇر (23-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). ئىسرائىل خەلقىنىڭ «خۇدانىڭ نەزىرىدىن تاشلىنىشى»، يەنى سۈرگۈن بولۇشى ئۇلارغا نىسبەتەن خۇدانىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جازاسى، ئەلۋەتتە.

**21:17** **«ئۇ ئىسرائىلنى داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن تارتىۋالغانىدى»** — ئىبرانىي تىلدا «ئۇ ئىسرائىلنى داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن يىرتىۋالغانىدى». «1پاد.» 11:11، 31:11، 8:14نى كۆرۈڭ.

**21:17** 1پاد. 16:12، 17، 26

**23:17** **«ئۇ يەردە ، يەنى ئاسۇرىيەدە بۈگۈنگە قەدەر تۇرۇپ كەلدى»** — مۇشۇ سۆزلەر «تارىخ-تەزكىرە»نىڭ يەھۇدادىكىلەر بابىل ئىمپېرىيەسىدىن قايتىپ كېلىش (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى)تىن ئىلگىرى خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئايان قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتتى. [26] شۇنىڭ بىلەن ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىغا خەۋەر يەتكۈزۈلۈپ: ــ سىلى يۆتكەپ سامارىيەنىڭ شەھەرلىرىدە ماكانلاشتۇرغان خەلقلەر شۇ يۇرتنىڭ ئىلاھىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى بىلمەيدۇ؛ شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شىرلارنى ئەۋەتتى؛ مانا بۇلار ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكتە، چۈنكى خەلق يۇرتنىڭ ئىلاھىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى بىلمەيدۇ، دېيىلدى.

[27] شۇنىڭ بىلەن ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى ئەمر قىلىپ: ــ سىلەر ئۇ يەردىن ئېلىپ كەلگەن كاھىنلارنىڭ بىرىنى يەنە ئۇ يەرگە ئاپىرىڭلار؛ ئۇ ئۇ يەردە تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇ يۇرتنىڭ ئىلاھىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆگەتسۇن، ــ دېدى.

[28] ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلار سامارىيەدىن يۆتكىگەن كاھىنلارنىڭ بىرى كېلىپ، بەيت-ئەلدە تۇرۇپ پەرۋەردىگارنىڭ قورقۇنچىنى ئۇلارغا ئۆگەتتى. [29] لېكىن شۇ خەلقلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ بۇتلىرىنى ياساپ، سامارىيەلىكلەر سالغان «يۇقىرى جايلار»دىكى ئىبادەتگاھلار ئىچىگە تۇرغۇزدى؛ ھەربىر خەلق ئۆزى تۇرغان شەھەردە شۇنداق قىلدى. [30] بابىلدىن كەلگەنلەر سۇككوت-بىنوت دېگەن مەبۇدنى ياسىدى، كۇتتىن كەلگەنلەر نەرگال بۇتنى، خاماتتىن كەلگەنلەر ئاشىما بۇتنى، [31] ئاۋۋىيلار نىبھاز بىلەن تارتاك بۇتلارنى ياسىدى؛ سەفارۋىيلار سەفارۋائىمدىكى بۇتلىرى بولغان ئادراممەلەك بىلەن ئانامەمەلەككە ئۆز باللىرىنى ئاتاپ ئوتتا كۆيدۈردى.

[32] ئۇلار ئەمدى مۇشۇنداق ھالەتتە پەرۋەردىگاردىن قورقۇپ، ئۆز ئارىسىدىكى ھەر تۈرلۈك ئادەملەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن «يۇقىرى جايلار»دىكى بۇتخانىلاردا قۇربانلىقلارنى سۇنىدىغان كاھىن قىلىپ بېكىتكەن. [33] ئۇلار پەرۋەردىگاردىن قورقاتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ قايسى ئەلدىن كەلگەن بولسا، شۇ ئەلنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىدا ئۆز

**32:17** 1پاد. 31:12

ئىلاھلىرىنىڭ قۇللۇقىدىمۇ بولاتتى.
[34]بۈگۈنگە قەدەر ئۇلار ئىلگىرىكى ئادەتلەر بويىچە مېڭىپ
كەلمەكتە؛ ئۇلار پەرۋەردىگاردىن قورقماي، پەرۋەردىگار ئىسرائىل
دەپ ئاتىغان ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا تاپىلىغان بەلگىلىمىلەر
ۋە ھۆكۈملەر، قانۇن ۋە ئەمرلەرگە مۇۋاپىق ئىش كۆرمەيدۇ.
[35]پەرۋەردىگار ئۇلار بىلەن بىر ئەھدە قىلىشىپ ئۇلارغا بۇيرۇپ: ــ
«باشقا ئىلاھلاردىن قورقماي، ئۇلارغا سەجدە قىلماي ياكى ئۇلارغا
باش ئۇرماي ۋە ئۇلارغا قۇربانلىق قىلماڭلار ــ [36]پەقەت زور قۇدرەت
ۋە ئۇزاتقان بىلىكى بىلەن سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن چىقارغان
پەرۋەردىگاردىنلا قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا
قۇربانلىق سۇنۇڭلار. [37]ئۇ سىلەر ئۈچۈن پۈتكۈزگەن بەلگىلىمىلەر،
ھۆكۈملەر، قانۇن ۋە ئەمرنى بولسا، ئۇلارنى ئەبەدگىچە كۆڭۈل بۆلۈپ
تۇتۇڭلار؛ باشقا ئىلاھلاردىن قورقماڭلار. [38]مەن سىلەر بىلەن قىلغان
ئەھدىنى ئۇنتۇماڭلار يا باشقا ئىلاھلاردىن قورقماڭلار، [39]بەلكى
خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردىن قورقۇڭلار؛ ۋە ئۇ سىلەرنى ھەممە
دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ» ــ دېگەنىدى.
[40]لېكىن ئۇلار قۇلاق سالماي، ئىلگىرىكى قائىدە-يوسۇنلارنى
يۈرگۈزەتتى.
[41]مۇشۇ ئەللەر شۇ تەرىقىدە پەرۋەردىگاردىن قورقاتتى ھەم
ئويما مەبۇدلارنىڭ قۇللۇقىدا بولاتتى؛ ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىلەن

---

**33:17** زەف. 5:1

34:17 **«ئۇلار پەرۋەردىگاردىن قورقماي، پەرۋەردىگار ئىسرائىل دەپ ئاتىغان ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا تاپىلىغان بەلگىلىمىلەر ۋە ھۆكۈملەر، قانۇن ۋە ئەمرلەرگە مۇۋاپىق ئىش كۆرمەيدۇ»** ــ ياكى «ئۇلار پەرۋەردىگاردىن قورقماي، ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىق ئىش كۆرمەيدۇ ۋە پەرۋەردىگار ئىسرائىل دەپ ئاتىغان ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا تاپىلىغان قانۇن ۋە ئەمرلەرگە مۇۋاپىق ئىش كۆرمەيدۇ». بۇ تەرجىمە توغرا بولسا، «ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە ھۆكۈملىرى» دېگەن بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە ھۆكۈملىرىنى كۆرسىتىدۇ

**34:17** يار. 27:32؛ 10:35؛ 1پاد. 31:18

**35:17** ھاك. 10:6

بالىلىرىنىڭ بالىلىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى؛ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى قانداق
قىلغان بولسا، ئۇلارمۇ بۈگۈنكى كۈنگىچە شۇنداق قىلىپ كەلدى.

## ھەزەكىيا يەھۇدانىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

2تار. 29:1-2؛ 1:31

18 [1] ئېلاھنىڭ ئوغلى، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ھوشىيانىڭ
سەلتەنىتىنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا، يەھۇدانىڭ سابىق
پادىشاھى ئاھازنىڭ ئوغلى ھەزەكىيا يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ
پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشتا بولۇپ، يېرۇسالېمدا يىگىرمە
توققۇز يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئابى ئىدى؛
ئۇ زەكەرىيانىڭ قىزى ئىدى.
[3] ھەزەكىيا بولسا ئاتىسى داۋۇتنىڭ بارلىق قىلغىنىدەك،
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلاتتى. [4] ئۇ «يۇقىرى
جايلار»نى يوقىتىپ، «بۇت تۈۋرۈكلەر»نى چېقىپ «ئاشەراھ»لارنى
كېسىپ تاشلاپ، مۇسا ياساتقان مىس يىلاننى چېقىپ پارە-پارە قىلىپ
(چۈنكى ئۇ چاغقىچە ئىسرائىللار ئۇنىڭغا خۇشبۇي ياقاتتى)، ئۇنىڭغا
«نەھۇشتان!» دەپ ئىسىم قويدى. [5] ھەزەكىيا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگارغا تاياندى. بۇ جەھەتتە نە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن نە
ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ ئارىسىدىكى
ھېچبىرى ئۇنىڭغا يەتمەيتتى. [6] ئۇ پەرۋەردىگارغا چىڭ باغلىنىپ
ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن چەقماي، بەلكى پەرۋەردىگار مۇساغا بۇيرۇغان
ئەمرلەرنى تۇتاتتى.

**1:18** 2تار. 27:28؛ 1:29

**4:18** **«نەھۇشتان!»** ــ «بىر پارچە مىس، خالاس!» دېگەن مەنىدە. بۇ يىلان توغرۇلۇق «چۆل.»
4:21-9نى كۆرۈڭ.

**4:18** 2تار. 1:31

**5:18** **«بۇ جەھەتتە»** ــ دېمەك، خۇداغا تايىنىش جەھەتتە، ئىمان-ئىشەنچنى ئىپادىلەش
تەرەپتە.

[7] پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى؛ ئۇ قايسىلا ئىشقا چىقسا شۇنىڭدا
راۋاجلىق بولاتتى. ئۇ ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى
چىقىپ ئۇنىڭغا بېقىندى بولۇشتىن باندى. [8] ئۇ فىلىستىيلەرگە ھۇجۇم
قىلىپ ئۇلارنى گازا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلىرىغىچە،
كۆزەت مۇناردىن مۇستەھكەم قورغانغىچە بېسىپ مەغلۇپ قىلدى.
[9] ۋە شۇنداق بولدىكى، ھەزەكىيا پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ
تۆتىنچى يىلىدا، يەنى ئىسرائىلنىڭ سابىق پادىشاھى ئېلاھنىڭ
ئوغلى ھوشىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ يەتتىنچى يىلىدا، ئاسۇرىيەنىڭ
پادىشاھى شالمانئەزەر سامارىيەگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قامال
قىلدى. [10] ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇلار شەھەرنى ئالدى؛ ھەزەكىيانىڭ
سەلتەنىتىنىڭ ئالتىنچى يىلى، يەنى ئىسرائىل پادىشاھى ھوشىيانىڭ
سەلتەنىتىنىڭ توققۇزىنچى يىلىدا، سامارىيە ئىشغال قىلىندى.
[11] ئاندىن ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى ئىسرائىللارنى ئاسۇرىيەگە ئېلىپ
كېتىپ، ئۇلارنى خالاھدا، گوزاندىكى خابور دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ۋە
مېدىئالارنىڭ شەھەرلىرىدە ماكانلاشتۇردى. [12] چۈنكى ئۇلار ئۆز خۇداسى
پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىغا ئىتائەت قىلمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ئەھدىسىگە،
يەنى پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى مۇسا بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىگە خىلاپلىق
قىلدى؛ ئۇلار ياكى قۇلاق سالمىدى، ياكى ئەمەل قىلمىدى.

## سەنناخېرىب يەھۇداغا تاجاۋۇز قىلىدۇ

2تار. 32:1-9؛ يەش. 36:1-22

[13] ھەزەكىيا پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون تۆتىنچى يىلى،
ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى سەنناخېرىب يەھۇدانىڭ بارلىق قورغانلىق

---

8:18 **«كۆزەت مۇناردىن مۇستەھكەم قورغانغىچە»** ــ مەنىسى بەلكىم سېپىلدىكى مۇناردىن شەھەرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى قورغانغىچە ــ باشقىچە ئېيتقاندا، «سىرتتىن ئىچكىرىگىچە».

**8:18** يەش. 14:29، 30

**9:18** 2پاد. 3:17

**10:18** 2پاد. 6:17




شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئىشغال قىلدى.
[14]ئۇ ۋاقىتتا يەھۇدانىڭ پادىشاھى ھەزەكىيا لاقىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىغا: مەن گۇناھكار! مەندىن چېكىنگەيلا، ئۈستۈمگە ھەرنېمە چۈشۈرسىلە شۇنى تۆلەيمەن، ــ دېدى.
ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى ھەزەكىياغا ئۈچ يۈز تالانت كۈمۈش بىلەن ئوتتۇز تالانت ئالتۇن توختىتىپ قويدى.[15] ھەزەكىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى ۋە پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى بارلىق كۈمۈشنى ئېلىپ بەردى.[16] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەھۇدانىڭ پادىشاھى ھەزەكىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىدىن ۋە ئۆزى ئەسلىدە قاپلاتقان ئىشىك كېشەكلىرىدىن ئالتۇننى ئاجرىتىپ ئېلىپ، ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىغا بەردى.

**13:18** 2تار. 32:1؛ يەش. 1:36

**14:18 «يۈز تالانت كۈمۈش بىلەن ئوتتۇز تالانت ئالتۇن»** ــ بىر تالانت بەلكىم 30.6 كىلوگرام ئىدى، شۇڭا بۇ 9.06 توننا كۈمۈش ۋە 0.906 توننا ئالتۇن ئىدى.

**16:18 «ھەزەكىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىدىن ... ئالتۇننى ئاجرىتىپ ئېلىپ...»** ــ بۇ تېكىستتە «ئالتۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى يوق. لېكىن ئىبادەتخانا ئىچىدىكى بارلىق ياغاچلارغا چاپلانغان مىتال ئالتۇن بولۇشى كېرەك ئىدى («1پاد.» 6:32-35نى كۆرۈڭ).

[17] شۇ چاغدا ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب تارتان، راب-سارىس
ۋە راب-شاكەھلىرىنى چوڭ قوشۇن بىلەن لاقىش شەھىرىدىن
يېرۇسالېمغا، ھەزەكىيانىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇلار يېرۇسالېمغا
چىقىپ كەلدى. چىققاندا، ئۇلار كىر يۇغۇچىلارنىڭ ئېتىزىنىڭ
بويىدىكى يولدا، يۇقىرى كۆلچەكنىڭ نورىنىڭ بېشىغا كېلىپ
تۇردى. [18] ئۇلار پادىشاھنى چاقىرغاندا، ھىلقىيانىڭ ئوغلى،
ئوردىنى باشقۇرىدىغان ئېلىئاكىم، ئوردىنىڭ كاتىپى شەبنا ۋە
ئاسافنىڭ ئوغلى، ئوردا تەزكىرىچىسى يوئاھلار ئۇلارنىڭ يېنىغا
كەلدى. [19] ۋە راب-شاكەھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ
«سىلەر ھەزەكىياغا: ــ «ئۇلۇغ پادىشاھ، يەنى ئاسۇرىيە پادىشاھى
ساڭا مۇنداق دېدى، دەڭلار: ــ
سېنىڭ مۇشۇ ئىشەنگەن تايانچىڭ زادى نېمىدى؟
[20] سەن: «ئۇرۇش قىلىشقا تەدبىر-مەسلىھەتىمىز ھەم كۈچىمىز
بار، دەيسەن ــ بۇ پەقەت بىر قۇرۇق گەپ، خالاس! ــ سەن زادى
كىمگە تايىنىپ ماڭا قارشى ئۆكتە قوپىسەن؟ [21] مانا ئەمدى
سەن يېرىقى بار ئاشۇ قومۇش ھاسا، يەنى مىسىرغا تايىنىسەن.
بىرسى ئۇنىڭغا يۆلەنسە، ئۇنىڭ قولىغا سانجىپ كىرىدۇ؛ مىسىر
پادىشاھى پىرەۋنگە تايانغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ!
[22] ئەگەر سىلەر ماڭا: «بىز خۇدايىمىز بولغان پەرۋەردىگارغا
تايىنىمىز» ــ دېسەڭلار، ھەزەكىيا ئۆزى يەھۇدادىكىلەرگە ۋە

---

17:18 **«تارتان»** ــ ئاسۇرىيە قوشۇنلىرىنىڭ باش سەردارىنىڭ، «راب-سارىس» باش ئاغۋاتنىڭ، «راب-شاكەھ» پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسىنىڭ ئۇنۋانى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. **«ئۇلار كىر يۇغۇچىلارنىڭ ئېتىزىنىڭ بويىدىكى يولدا، يۇقىرى كۆلچەكنىڭ نورىنىڭ بېشىغا كېلىپ تۇردى»** ــ مۇشۇ يەر دەل يەشايا پەيغەمبەر ئاھاز پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاسۇرىيەنىڭ تاجاۋۇزى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرغان يەر («يەش.» 7-بابنى كۆرۈڭ).

20:18 **«ئۇرۇش قىلىش تەدبىر-مەسلىھەتىمىز ھەم كۈچىمىز بار... سەن زادى كىمگە تايىنىپ ماڭا قارشى ئۆكتە قوپىسەن؟»** ــ مۇشۇ گېپىگە قارىغاندا، ئاسۇرىيەدىكىلەرنىڭ يەشايانىڭ «پەقەت پەرۋەردىگارغا تايىنىشىمىز كېرەك» دېگەن بېشارەتلىرىدىن خەۋىرى بار ئوخشايدۇ.

21:18 يەش. 6:36؛ ئەز. 6:29، 7

يېرۇسالېمدىكىلەرگە: «سىلەر پەقەت يېرۇسالېمدىكى مۇشۇ
ئىبادەتگاھ ئالدىدىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار كېرەك» دەپ، ئۇنىڭغا
ئاتالغان «يۇقىرى جايلار»نى ھەم قۇربانگاھلارنى يوق قىلىۋەتتىغۇ؟
ئۇلار ئاشۇ پەرۋەردىگارنىڭ يۇقىرى جايلىرى ئەمەسمىدى؟
23 ئەمدى ھازىر خوجايىنىم ئاسۇرىيە پادىشاھى بىلەن بىر توختامغا
كېلىڭلار: ــ «ئەگەر سىلەردە ئۇلارغا مىنەلىگۈدەك ئەسكەرلىرىڭلار
بولسا، مەن سىلەرگە ئىككى مىڭ ئاتنى بىكارغا بېرەي!»
24 سىلەردە ئۇنداقلار بولمىسا، خوجايىنىمنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەڭ
كىچىكى بولغان بىر لەشكەربېشىنى قانداقمۇ چېكىندۈرەلەيسىلەر؟!
گەرچە سىلەر جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلارنى ئېلىش ئۈچۈن مىسىرغا
تايىنىسىلەر! 25 مەن مۇشۇ يەرنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارسىز
كەلدىممۇ؟ چۈنكى پەرۋەردىگار ماڭا: «مۇشۇ زېمىنني ھالاك قىلىشقا
چىققىن» ــ دېدى!».

26 ئېلىئاكىم، شەبنا ۋە يوئاھ راب-شاكەھگە: ــ
پېقىرلىرىغا ئارامىي تىلىدا سۆزلىسىلە؛ بىز بۇنى چۈشىنىمىز. بىزگە
ئىبرانىي تىلىدا سۆزلىمىسىلە، گەپلىرى سېپىلدا تۇرغانلارنىڭ
قۇلىقىغا كىرمىسۇن! ــ دېدى.

22:18 **«... ئۇلار ئاشۇ پەرۋەردىگارنىڭ يۇقىرى جايلىرى ئەمەسمىدى؟»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە ۋەھيي قىلىنغان قانۇنغا ئاساسەن، ئىسرائىللار پەقەت يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدىكى قۇربانگاھتىلا قۇربانلىق قىلىشقا بولاتتى. ئەسلىدە ھەزەكىيا مۇشۇ پەرمانغا ئاساسەن بۇتپەرەسلىك قىلىدىغان قۇربانگاھلارنى ھەم خاتا يول بىلەن قۇرۇلغان، «پەرۋەردىگارغا ئاتاپ» ئىبادەت قىلىدىغان «يۇقىرى جايلار»نى يوقاتقان. راب-شاكەھ شۇ گەپ بىلەن ئۇنى ئاڭلىغۇچى ئىسرائىللارنى قايمۇقتۇرماقچى ئىدى، ئەلۋەتتە.
23:18 **«ئەگەر سىلەردە ئۇلارغا مىنەلىگۈدەك ئەسكەرلىرىڭلار بولسا، مەن سىلەرگە ئىككى مىڭ ئاتنى بىكارغا بېرەي!»** ــ بۇ كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ، ئەلۋەتتە. ئادەتتىكى چاغلاردا يەھۇدادا ئاتلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇرۇش ۋاقتىدا تېخىمۇ ئازلاپ كېتەتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەمەس، ھەتتا ئاددىي ئەسكەرلەرمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى.
26:18 **«ئارامىي تىلى»** ــ سۇرىيەنىڭ كونا ئىسمى «ئارام» ئىدى. كونا زاماندا «سۇرىيە تىلى» «ئارامىي تىلى» دېيىلەتتى. ئاسۇرىيەمۇ ئارامىي تىلىنى ئىشلەتكەن.

27 بىراق راب-شاكەھ: ـ
خوجايىنىم مېنى مۇشۇ گەپنى خوجايىنىڭلارغا ۋە سىلەرگىلا ئېيتىشقا
ئەۋەتكەنمۇ؟ مۇشۇ گەپنى سېپىلدا ئولتۇرغانلارغا سىلەر بىلەن بىرلىكتە
دېيىشكە ئەۋەتكەن ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئۇلار ئۆز پوقىنى يېگۈچى ھەم
ئۆز سۈيدۈكىنى ئىچكۈچى بولىدۇ!» ـ دېدى. 28 ئاندىن راب-شاكەھ
ئىبرانىي تىلىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئۇلۇغ پادىشاھ، يەنى ئاسۇرىيە
پادىشاھىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قويۇڭلار!» ـ دەپ ۋارقىرىدى.
29 ـ «پادىشاھ مۇنداق دەيدۇ: ـ ھەزەكىيا سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن!
چۈنكى ئۇ سىلەرنى پادىشاھنىڭ قولىدىن قۇتقۇزالمايدۇ. 30 ئۇنىڭ
سىلەرنى: ـ «پەرۋەردىگار بىزنى جەزمەن قۇتقۇزىدۇ؛ مۇشۇ شەھەر
ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ» دەپ پەرۋەردىگارغا
تاياندۇرۇشىغا يول قويماڭلار! 31 ھەزەكىياغا قۇلاق سالماڭلار؛ چۈنكى
ئاسۇرىيە پادىشاھى مۇنداق دەيدۇ: ـ مەن بىلەن سۈلھىلىشىپ، مەن
تەرەپكە ئۆتۈڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئۈزۈم
بارىڭىدىن ھەم ئۆزۈڭلارنىڭ ئەنجۈر دەرىخىدىن مېۋە يەيسىلەر،
ھەربىرىڭلار ئۆز سۇ كۆلچىكىڭلاردىن سۇ ئىچىسىلەر؛ 32 تا مەن كېلىپ
سىلەرنى بۇغدايلىق ھەم شارابلىق بىر زېمىنغا، نېنى، ئۈزۈمزارلىرى
ۋە زەيتۇن دەرەخلىرى بار، ھەسەل چىقىرىدىغان بىر زېمىنغا، يەنى
زېمىنىڭلارغا ئوخشاش بىر زېمىنغا ئاپىرىپ قويغۇچە يەپ-ئىچىۋېرىڭلار!
شۇنىڭ بىلەن سىلەر تىرىك قېلىپ، ئۆلمەيسىلەر! ھەزەكىيا سىلەرگە: ـ
«پەرۋەردىگار بىزنى قۇتقۇزىدۇ» دېسە ئۇنىڭغا قۇلاق سالماڭلار!
33 ئەل-يۇرتلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرىنىڭ بىرى ئۆز زېمىنىنى ئاسۇرىيە
پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغانمۇ؟ 34 خامات ۋە ئارپاد دېگەن

27:18 **«... ئۇلار ئۆز پوقىنى يېگۈچى ھەم ئۆز سۈيدۈكىنى ئىچكۈچى بولىدۇ!»** ــ شەھەر مۇھاسىرىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭدا ئاش ۋە سۇ قالمىغان ھالەتتە خەلقلەر مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ

32:18 **«... مەن كېلىپ سىلەرنى ... زېمىنىڭلارغا ئوخشاش بىر زېمىنغا ئاپىرىپ قويغۇچە يەپ-ئىچىۋېرىڭلار!»** ــ مۇشۇ گەپلەر چىرايلىق بولغىنى بىلەن مەنىسى ئېنىقكى: ــ «مېنىڭ ئەسىرلىرىم، قۇللىرىم بولىسىلەر!» دېگەنلىك. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاسۇرىيە پادىشاھى ئۇچىغا چىققان ھىيلىگەر ئالدامچى ئىدى.

يۇرتلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرى قېنى؟ سەفارۋائىم، خېنا ۋە ئىۋۋاھ
شەھەرلىرىنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرى قېنى؟ ئۇلار سامارىيەنى مېنىڭ
قولۇمدىن قۇتقۇزغانمۇ؟! [35] مۇشۇ ئەل-يۇرتلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرىدىن
ئۆز زېمىنىنى قۇتقۇزغان زادى كىم بار؟ شۇنداق ئىكەن، پەرۋەردىگار
يېرۇسالېمنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالامدۇ؟» ــ دېدى.
[36] ئەمما خەلق سۈكۈت قىلىپ ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېچقانداق بىر سۆز
قىلمىدى؛ چۈنكى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى شۇكى: ــ
«ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەڭلار».
[37] ئاندىن ھىلقىيانىڭ ئوغلى، ئوردىنى باشقۇرىدىغان ئېلىئاكىم،
ئوردا كاتىپى شەبنا ۋە ئاسافنىڭ ئوغلى، ئوردا تەزكىرىچىسى يوئاھلار
كىيىم-كېچەكلىرىنى يىرتىشىپ، ھەزەكىيانىڭ يېنىغا كېلىپ، راب-
شاكەھنىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇردى.

## ھەزەكىيا خۇدادىن يول سورايدۇ

2تار. 32:20-21؛ يەش. 37:1-38

19 [1] شۇنداق بولدىكى، ھەزەكىيا بۇنى ئاڭلىغاندا، كىيىم-
كېچەكلىرىنى يىرتىپ، ئۆزىنى بۆز بىلەن قاپلاپ
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىردى. [2] ئۇ ئوردىنى باشقۇرىدىغان
ئېلىئاكىم، ئوردا كاتىپى شەبنا ۋە كاھىنلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى بۆز
قاپلانغان پېتى ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەرگە ئەۋەتتى.
[3] ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ
ھەزەكىيا مۇنداق دەيدۇ: ــ
«باللار تۇغۇلاي دەپ قالغاندا ئانىنىڭ تۇغقۇدەك ھالى قالمىغاندەك،
مۇشۇ كۈن ئاۋارىچىلىك، رەسۋا قىلىنىدىغان، مازاق قىلىنىدىغان
بىر كۈندۇر. [4] ئۆز خوجايىنى بولغان ئاسۇرىيە پادىشاھى تىرىك
خۇدانى مازاق قىلىشقا ئەۋەتكەن راب-شاكەھنىڭ مۇشۇ بارلىق

2:19 يەش. 1:1

**گەپلىرىنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ نەزىرىگە ئېلىپ تىڭشىسا، بۇلارنى**
**ئاڭلىغان پەرۋەردىگار خۇدايىڭ شۇ گەپلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ دەككىسىنى**
**بېرەرمىكىن؟ شۇڭا قېلىپ قالغان قالدىسى ئۈچۈن ئاۋازىڭنى**
**كۆتۈرۈپ، بىر دۇئايىڭنى بەرسەڭ» ــ دېدى.**
**5 شۇ گەپلەر بىلەن ھەزەكىيا پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى يەشايانىڭ**
**ئالدىغا كەلدى. 6 يەشايا ئۇلارغا: ــ**
**«خوجايىنىڭلارغا: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى: ــ**
**«ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ سەن ئاڭلىغان ئاشۇ**
**ماڭا كۇپۇرلۇق قىلغۇچى گەپلىرىدىن قورقما؛ 7 مانا، مەن ئۇنىڭغا**
**بىر روھنى كىرگۈزىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئىغۋانى ئاڭلاپ، ئۆز**
**يۇرتىغا قايتىدۇ. مەن ئۇنى ئۆز زېمىنىدا تۇرغۇزۇپ قىلىچ بىلەن**
**ئۆلتۈرگۈزىمەن» ــ دەڭلار» ــ دېدى.**
**8 راب-شاكەھ ئۆزى كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ ماڭغاندا، ئاسۇرىيە**
**پادىشاھىنىڭ لاقىش شەھىرىدىن چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، لىبناھ**
**شەھىرىگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقان پادىشاھنىڭ يېنىغا كەلدى. 9 چۈنكى**
**پادىشاھ: «مانا، ئېفىئوپىيە پادىشاھى تىرھاكاھ سىزگە قارشى جەڭ**
**قىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانىدى. لېكىن ئۇ**
**يەنە ھەزەكىياغا ئەلچىلەرنى مۇنداق خەت بىلەن ئەۋەتتى: ــ**
**10 «سىلەر يەھۇدا پادىشاھى ھەزەكىياغا مۇنداق دەڭلار: ــ**
**«سەن تايىنىدىغان خۇدايىڭنىڭ ساڭا: «يېرۇسالېم ئاسۇرىيە**

7:19 **«... مەن ئۇنىڭغا بىر روھنى كىرگۈزىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئىغۋانى ئاڭلاپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ. مەن ئۇنى ئۆز زېمىنىدا تۇرغۇزۇپ قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرگۈزىمەن» ــ** يەشايانىڭ مۇشۇ ۋەھيىنى دىققەت بىلەن ئوقۇسىڭىز، ئۇ ھەزەكىيانىڭ (6-ئايەتتىكى) تەلىپى بويىچە دۇئا قىلماي، بەلكى بىۋاستە خەۋەرچىلەرگە جاۋاب بەردى. چۈنكى ئۇ ئاللىبۇرۇن ئاسۇرىيە توغرۇلۇق نۇرغۇن بېشارەتلەرنى قىلغان. خۇدا مۇشۇ پەيت-ئەھۋال توغرۇلۇق ئىسرائىلغا ئۇقتۇرغان (مەسىلەن، «يەش.» 10:5-21، 14:24-25نى كۆرۈڭ). بىراق ھەزەكىيا ۋە ئوردىسىدىكىلەر مۇشۇلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆرگەن كارامەت مۆجىزىلەرنى («يەش.» 38-بابنىمۇ كۆرۈڭ) پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

9:19 **«ئېفىئوپىيە پادىشاھى تىرھاكاھ سىزگە قارشى جەڭ قىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتى»** ــ بۇ ئىش ئەمەلىيەت ئەمەس، ھەمدە شۇ چاغدا مۇمكىن بولمىغانىدى. بىراق خۇدا ئۆزى ئەۋەتكۈزگەن «ئالدامچى روھ»نىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنى ئىشەندۈرگەن.

پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلمايدۇ» دېگىنىگە ئالدانما؛ [11] مانا، سەن
ئاسۇرىيە پادىشاھلىرىنىڭ ھەممە ئەل-يۇرتلارنى نېمە قىلغانلىرىنى،
ئۇلارنى ئۆز ئىلاھ-بۇتلىرىغا ئاتاپ ھالاك قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانسەن؛
ئەمدى ئۆزۈڭ قۇتقۇزۇلامسەن؟ [12] ئاتا-بوۋىلىرىم ھالاك قىلغان
ئەللەرنىڭ ئۆز ئىلاھ-بۇتلىرى ئۇلارنى قۇتقۇزغانمۇ؟ گوزان، ھاران،
رەزەف شەھىرىدىكىلەرنىچۇ، تېلاسساردا تۇرغان ئېدەنلەرنىچۇ؟
[13] خامات پادىشاھى، ئارپاد پادىشاھى، سەفارۋائىم، خېنا ھەم ئىۋۋاھ
شەھەرلىرىنىڭ پادىشاھلىرى قېنى؟»»».
[14] شۇنىڭ بىلەن ھەزەكىيا خەتنى ئەكەلگۈچىلەرنىڭ قولىدىن
ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى. ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا خەتنى يېيىپ قويدى. [15] ۋە ھەزەكىيا
پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى: —
«ئى كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا تۇرغان پەرۋەردىگار، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى: -
سەن ئۆزۈڭدۇرسەن، جاھاندىكى بارلىق ئەل-يۇرتلارنىڭ ئۈستىدىكى
خۇدا پەقەت ئۆزۈڭدۇرسەن؛ ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچىسەن. [16] ئى
پەرۋەردىگار، قۇلىقىڭنى تۆۋەن قىلىپ ئاڭلىغايسەن؛ كۆزۈڭنى
ئاچقايسەن، ئى پەرۋەردىگار، كۆرگەيسەن؛ سەنناخېرىبنىڭ ئادەم

---

11:19 **«ئۆز ئىلاھ-بۇتلىرىغا ئاتاپ ھالاك قىلىش»** — بۇ دېگەنلىك ئىبرانىي تىلدا پەقەت بىر سۆز بىلەنلا، يەنى ««ھارام» قىلىش» ياكى ««ھەرەم» قىلىش» بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

13:19 **«خامات، ئارپاد، سەفارۋائىم، خېنا ۋە ئىۋۋاھ»** — مۇشۇ شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى خەرىتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ، بەزىلىرى بىزگە بۈگۈنگە قەدەر نامەلۇم.

15:19 **«كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا تۇرغان»** — مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى ئەڭ ئىچكىرى ئۆي، يەنى «ئەڭ مۇقەددەس جاي» دېگەن ئۆيدە، خۇدانىڭ «رەھىم كۆرسىتىدىغان ئورۇن-تەختى» («كەفارەت تەختى») («رەھمگاھ») بار ئىدى. مۇشۇ ئورۇندا خۇدا ئىسرائىلنىڭ ئالاھىدە قۇربانلىقلىرىنىڭ قانلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. ئورنىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ھەربىرىدە ئالتۇندىن ياسالغان، تەختكە قارىتىلغان بىردىن «كېرۇب» بار ئىدى. مۇسانىڭ دەۋرىدىن تارتىپ خۇدانىڭ پارلاق شان-شەرىپى سىرلىق ھالدا شۇ تەختنىڭ ئۈستىدە، يەنى «كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا» تۇرغانىدى.

—كېرۇبلار بولسا ئىنتايىن كۈچلۈك بىرخىل پەرىشتىلەر بولۇپ، خۇدانىڭ چىقارغان ھۆكۈم-جازالىرىنى بېجىرىدۇ. «كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا تۇرغان» دېگىنى، سەن بىزگە يېقىنلاشقان ھەم بىزگە رەھىم كۆرسەتمەكچى بولغان خۇداسەن» دېگەنلىكتۇر.

ئەۋەتىپ مەڭگۈ ھايات خۇدانى ھاقارەتلەپ ئېيتقان گەپلىرىنى
ئاڭلىغايسەن! 17 ئى پەرۋەردىگار، ئاسۇرىيە پادىشاھلىرى ھەقىقەتەن
ھەممە يۇرتلارنى، شۇلارغا بېقىندى بولغان يۇرتلارنىمۇ خارابە قىلىپ،
18 ئۇلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرىنى ئوتقا تاشلىۋەتكەن؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ
ئىلاھلىرى ئىلاھ ئەمەس، بەلكى ئىنسان قولى بىلەن ياسالغانلىرى،
ياغاچ ۋە تاش، خالاس؛ شۇڭا ئاسۇرىيلار ئۇلارنى ھالاك قىلدى. 19 ئەمدى،
ئى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، جاھاندىكى بارلىق ئەل-يۇرتلارغا سېنىڭ،
پەقەت سېنىڭلا پەرۋەردىگار خۇدا ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن،
بىزنى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغايسەن!».
20 شۇنىڭ بىلەن ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا ھەزەكىياغا سۆز ئەۋەتىپ
مۇنداق دېدى: ــ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«سېنىڭ ماڭا ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب توغرۇلۇق قىلغان
دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم. 21 پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا دېگەن سۆزى
شۇدۇركى: ــ
«پاك قىز، يەنى زىئوننىڭ قىزى سېنى كەمسىتىدۇ،
سېنى مازاق قىلىپ كۈلىدۇ؛
يېرۇسالېمنىڭ قىزى كەينىڭگە قاراپ بېشىنى چايقايدۇ؛
22 سەن كىمنى مازاق قىلىپ كۇپۇرلۇق قىلدىڭ؟
سەن كىمگە قارشى ئاۋازىڭنى كۆتۈرۈپ،
نەزىرىڭنى ئۈستۈن قىلدىڭ؟
ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىغا قارشى!
23 ئەلچىلىرىڭ ئارقىلىق سەن رەبنى مازاق قىلىپ؛ ــ
«مەن نۇرغۇنلىغان جەڭ ھارۋىلىرىم بىلەن تاغ چوققىسىغا،

---

17:19 **«شۇلارغا بېقىندى بولغان يۇرتلار»** ــ مۇشۇ ئىبارىنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا «بېقىندى» دېگەن سۆز يوق. بىز شەرھلەش ئۈچۈن ئۇنى قوشتۇق.

22:19 **«كۇپۇرلۇق»** ــ كىم ئۆزىنى خۇدانىڭ ئورنىدا قويۇپ، «ھەممە ئىشنى قىلالايمەن» دېسە، كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ، شۇنداقلا ھامان بىر كۈنى يىقىتىلىدۇ.

لىۋان تاغ باغرىلىرىغا يېتىپ كەلدىمكى،
ئۇنىڭ ئېگىز كېدىر دەرەخلىرىنى، ئېسىل قارىغايلىرىنى كېسىۋېتىمەن؛
مەن ئۇنىڭ ئەڭ چەت تۇرالغۇسىغا،
ئۇنىڭ ئەڭ بۈك-باراقسان ئورمانزارلىقىغا كىرىپ يېتىمەن.
24 ئۆزۈم قۇدۇق كولاپ ياقا يۇرتنىڭ سۈيىنى ئىچتىم؛
پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىلا مەن مىسىرنىڭ بارلىق دەريا-ئۆستەڭلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتىم — دېدىڭ.
25 — سەن شۇنى ئاڭلاپ باقمىغانمىدىڭ؟
ئۇزۇندىن بۇيان مەن شۇنى بېكىتكەنمەنكى،
قەدىمدىن نارتىپ شەكىللەندۈرگەنمەنكى،
ھازىر ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇردۇمكى،
مانا، سەن قەلئە-قورغانلىق شەھەرلەرنى خارابىلەرگە ئايلاندۇردۇڭ؛
26 شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلار كۈچسىزلىنىپ،
يەرگە قارىتىپ قويۇلدى، شەرمەندە قىلىندى؛
ئۇلار ئۆسۈۋاتقان ئوت-چۆپتەك، يۇمران كۆك چۆپلەردەك،
ئۆگزىدىكى ئوت-چۆپلەر ئۆسمەي قۇرۇپ كەتكەندەك بولدى.

---

23:19 **«ئۇنىڭ ئەڭ بۈك-باراقسان ئورمانزارلىقى»** — بۇ ئايەتتىكى «بۈك-باراقسان» دېگەن سۆز ئىبرانيي تىلىدا «كارمەل» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. كارمەل بولسا ئىسرائىلنىڭ ئەڭ مۇنبەت ۋە چىرايلىق جايى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ «ئۇنىڭ «كارمەل» ئورمانزارلىقىغا كىرىمەن» دېگىنى «ئۇنىڭ (لىۋاننىڭ) ئەڭ چىرايلىق جايىغا (ھېچ توسالغۇسىز) بارىمەن» دېگەندەك پو ئاتقىنىغان مەنىنى ئىپادىلەيتتى. لىۋاندا «كارمەل» دېگەن جاي يوق.
24:19 **«... پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىلا مەن مىسىرنىڭ بارلىق دەريا-ئۆستەڭلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتىم»** — يۇقىرىقى 22-ئايەتتە پادىشاھ ئۆزىنىڭ تەس ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى، مەسىلەن لىۋان رايونىدىكى ئەڭ يۇقىرى تاغلارغا چىقالايدىغانلىقىنى (كۆچمە مەنىسى، بەلكىم ئالىيجاناپ، كۈچلۈك پادىشاھلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ)، ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. مۇشۇ 24-ئايەتتىكى «پۇتۇم... قۇرۇتۇۋەتتىم» دېگىنى، دېھقاننىڭ پۇتى بىلەنلا توپىنى ئىتتىرىپ ئېرىقنى توسۇپ، سۇنى قۇرۇتۇۋەتكىنىدەك، «مەن خالىسالا ناھايىتى ئاسانلا ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن، ھەتتا نىل دەرياسىنىمۇ قۇرۇتۇۋېتەلەيمەن» دېگەن مەنىدىلىكنى بىلدۈرمەكچى
26:19 **«ئۆگزىدىكى ئوت-چۆپلەر...»** — بۇ دېگەنلىكنىڭ باشقا خىل تەرجىمىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

[27] بىراق سېنىڭ ئولتۇرغىنىڭنى، ئورنۇڭدىن تۇرغىنىڭنى، چىقىپ-
كىرگىنىڭنى ۋە ماڭا قارشى غالجىرلىشىپ كەتكىنىڭنى بىلىمەن؛
[28] سېنىڭ ماڭا قارشى غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىڭنىڭ، ھاكاۋۇرلىشىپ
كەتكەنلىكىڭنىڭ قۇلىقىمغا يەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن،
مەن قارمىقىمنى بۇرنىڭدىن ئۆتكۈزىمەن،
يۈگىنىمنى ئاغزىڭغا سالىمەن،
ۋە ئۆزۈڭ كەلگەن يول بىلەن سېنى قايتۇرىمەن.
[29] ئى ھەزەكىيا، شۇ ئىش ساڭا ئالامەت بېشارەت بولىدۇكى،
مۇشۇ يىلى ئۆزلۈكىدىن ئۆسكەن،
ئىككىنچى يىلى شۇلاردىن چىققانلارمۇ سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بولىدۇ؛
ئۈچىنچى يىلى بولسا تېرىيسىلەر، ئورىسىلەر، ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى
تىكىسىلەر؛
ئۇلاردىن چىققان مېۋىلەرنى يەيسىلەر.
[30] يەھۇدا جەمەتىنىڭ قېچىپ قۇتۇلغان قالدىسى بولسا يەنە تۆۋەنگە
قاراپ يىلتىز تارتىدۇ، يۇقىرىغا قاراپ مېۋە بېرىدۇ؛
[31] چۈنكى يېرۇسالېمدىن بىر قالدىسى،
زىئون تېغىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلار چىقىدۇ؛

---

28:19 **«مەن قارمىقىمنى بۇرنىڭدىن ئۆتكۈزىمەن، يۈگىنىمنى ئاغزىڭغا سالىمەن...»** — ئاسۇرىيە پادىشاھلىرى مۇشۇنداق رەھىمسىز يول بىلەن ئەسىرلەرنى يالاپ ماڭاتتى.

29:19 **«مۇشۇ يىلى ئۆزلۈكىدىن ئۆسكەن، ئىككىنچى يىلى شۇلاردىن چىققانلارمۇ سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بولىدۇ؛ ئۈچىنچى يىلى بولسا تېرىيسىلەر، ئورىسىلەر، ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى تىكىسىلەر؛ ئۇلاردىن چىققان مېۋىلەرنى يەيسىلەر»** — مۇشۇ مۆجىزە ئىشەنچ-ئېتىقادنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەم خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلگەن. ئۇرۇش ۋاقتىدا تېرىقچىلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ ئاسۇرىيە قوشۇنى كەتكەندىن كېيىنكى يىلدىمۇ، قوشۇندىن قېلىپ قالغانلىرى پاراكەندىچىلىك قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مۆجىزە ئۈچىنچى يىلغىچە سوزۇلىدۇ —«ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى تىكىسىلەر... مېۋىسىنى يەيسىلەر» دېگەن ۋەدە، تىنچلىق مەزگىلىنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (ئۈزۈم تالللىرىنى ئۆستۈرۈشكە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، ئەلۋەتتە).
—كىشىلەرنىڭ ئاسۇرىيە قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز چېكىنىشىنى «تاسادىپىيلىقتىن» دېمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىككىنچى مۆجىزە بېرىلدى. شۇنداقتىمۇ، مەزكۇر «پادىشاھلار» دېگەن كىتابقا قارىغاندا، خەلقلەر يەنىلا ئىككى مۆجىزىنى تېزلا ئۇنتۇيدۇ، خۇداغا ۋاپاسىزلىق قىلىۋېرىدۇ.

ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئوتلۇق
مۇھەببىتى مۇشۇنى ئادا قىلىدۇ.
32 شۇڭا، پەرۋەردىگار ئاسۇرىيە پادىشاھى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ــ
ۇ نە مۇشۇ شەھەرگە يېتىپ كەلمەيدۇ،
نە ئۇنىڭغا بىر تال ئوقمۇ ئاتمايدۇ؛
نە قالقاننى كۆتۈرۈپ ئالدىغا كەلمەيدۇ،
نە ئۇنىڭغا قارىتا قاشالارنىمۇ ياسىمايدۇ.
33 ئۇ قايسى يول بىلەن كەلگەن بولسا،
ئۇ يول بىلەن قايتىدۇ ۋە مۇشۇ شەھەرگە كەلمەيدۇ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
34 ــ چۈنكى ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە مېنىڭ قۇلۇم داۋۇت ئۈچۈن ئۇنى ئەتراپىدىكى
سېپىلدەك قوغداپ قۇتقۇزىمەن».
35 شۇ كېچە شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى چىقىپ،
ئاسۇرىيەلىكلەرنىڭ بارگاھىدا بىر يۈز سەكسەن بەش مىڭ ئەسكەرنى
ئۇردى؛ مانا، كىشىلەر ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ
ھەممىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆردى!
36 شۇڭا ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب چېكىنىپ، يولغا چىقىپ،
نىنەۋە شەھىرىگە قايتىپ تۇردى. 37 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئۆز بۇتى
نىسروقنىڭ بۇتخانىسىدا ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋاتقاندا، ئوغۇللىرى
ئادراممەلەك ھەم شارئېزەر ئۇنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ ئاندىن ئۇلار
بولسا ئارارات دېگەن يۇرتقا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئېسارھاددون
ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

---

**34:19** 2پاد. 6:20

35:19 **«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»** ــ تەۋرات دەۋرىدە ئىنتايىن ئالاھىدە شەخس ئىدى. بەزى ئىشلاردا ئۇ خۇدانىڭ ئورنىدا كۆرۈنەتتى (مەسىلەن، تەۋراتتىكى «يار.» 18-بابنى كۆرۈڭ). «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**35:19** يەش. 36:37

37:19 **«ئۇ ئۆز بۇتى نىسروقنىڭ بۇتخانىسىدا ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋاتقاندا، ئوغۇللىرى ئادراممەلەك ھەم شارئېزەر ئۇنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى»** ــ مۇشۇ ۋەقە سەنناخېرىب ئىسرائىلدىن چېكىنىشتىن 20 يىل كېيىن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 681-يىلى) بولدى.

**37:19** 2تار. 21:32؛ يەش. 38:37

## ھەزەكىيا ئىغىر كېسەل بولىدۇ، دۇئا قىلىدۇ

2تار. 24:32؛ يەش. 38:1-22

20 [1] شۇ كۈنلەردە ھەزەكىيا ئەجەل كەلتۈرگۈچى بىر كېسەلگە
مۇپتىلا بولدى. ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر ئۇنىڭ
قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: ــ
«پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ئۆيۈڭ توغرۇلۇق ۋەسىيەت قىلغىن؛ چۈنكى ئەجەل كەلدى،
ياشىمايسەن» ــ دېدى.
[2] ھەزەكىيا بولسا يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ: ــ
[3] ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ ئالدىڭدا مېنىڭ ھەقىقەت ۋە پاك دىل بىلەن
مېڭىپ يۈرگەنلىكىمنى، نەزىرىڭ ئالدىڭدا دۇرۇس بولغان ئىشلارنى
قىلغانلىقىمنى ئەسلەپ قويغايسەن، ــ دېدى.
ۋە ھەزەكىيا يىغلاپ ئېقىپ كەتتى.
[4] يەشايا چىقىپ ئوردىدىكى ئوتتۇرا ھويلىغا يەتمەستە، پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى ئۇنىڭغا يېتىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[5] يېنىپ بېرىپ خەلقىمنىڭ باشلامچىسى ھەزەكىياغا مۇنداق دېگىن: ــ
«پەرۋەردىگار، ئاتاڭ داۋۇتنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ
«دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم، كۆز ياشلىرىڭنى كۆردۈم؛ مانا، مەن سېنى
ساقايتىمەن. ئۈچىنچى كۈنىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چىقىسەن.
[6] كۈنلىرىڭگە مەن يەنە ئون بەش يىل قوشىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن مەن
سېنى ۋە بۇ شەھەرنى ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىمەن؛
ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە قۇلۇم داۋۇت ئۈچۈن مەن بۇ شەھەرنى ئەتراپىدىكى
سېپىلدەك قوغدايمەن.
[7] (يەشايا بولسا: ــ «ئەنجۈر پوشكىلى تەييارلاڭلار» دېدى. ئۇلار ئۇنى
ئېلىپ كېلىپ، يارىسىغا چاپلىۋىدى، ئۇ ساقايدى. [8] ھەزەكىيا
يەشايادىن: پەرۋەردىگار مېنى ساقايتىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ

---

**1:20** 2تار. 24:32؛ يەش. 1:38

5:20 **«ئاتاڭ داۋۇت»** ــ ھەزەكىيا داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئون ئۈچىنچى ئەۋلادى ئىدى.

ئۆيگە چىقىدىغانلىقىمنى ئىسپاتلايدىغانغا قانداق بېشارەتلىك
ئالامەت بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى. [9]يەشايا: ــ پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆزى ئېيتقان ئىشنى جەزمەن قىلىدىغانلىقىنى ساڭا ئىسپاتلاش
ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن شۇنداق بېشارەتلىك ئالامەت بولىدۇكى،
سەن قۇياشنىڭ پەلەمپەي ئۈستىگە چۈشكەن سايىسىنىڭ ئون
باسقۇچ ئالدىغا مېڭىشى ياكى ئون باسقۇچ كەينىگە يېنىشىنى
خالامسەن؟ ــ دېدى.
[10]ھەزەكىيا: قۇياش سايىسىنىڭ ئون باسقۇچ ئالدىغا مېڭىشى
ئاسان؛ سايە ئون باشقۇچ كەينىگە يانسۇن، دېگەنىدى. [11]شۇنىڭ
بىلەن يەشايا پەيغەمبەر پەرۋەردىگارغا نىدا قىلدى ۋە ئۇ قۇياشنىڭ
ئاھاز پادىشاھ قۇرغان پەلەمپەي باسقۇچلىرى ئۈستىگە چۈشكەن
سايىسىنى ياندۇرۇپ، ئون باسقۇچ كەينىگە ماڭدۇردى).

## بابىل پادىشاھىدىن كەلگەن ئەلچىلەر چوڭ بىر خاتالىق

2تار. 32:31-33؛ يەش. 39:1-8

[12]شۇ پەيتتە بالادانىڭ ئوغلى بابىل پادىشاھى مېروداق-بالادان،
ھەزەكىيانى كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، خەتلەر ھەدىيە
بىلەن ئەۋەتتى. [13]ھەزەكىيا بولسا ئەلچىلەرنىڭ گېپىنى تىڭشاپ،
ئۇلارغا بارلىق خەزىنە-ئامبارلىرىنى، كۈمۈشنى، ئالتۇننى، دورا-
دەرمانلارنى، سەرخىل مايلارنى، ساۋۇت-قوراللار ئامبىرىدىكى
ھەممىنى ۋە بايلىقلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى؛ ئوردىسى ۋە
پۈتكۈل پادىشاھلىقى ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ھەزەكىيا ئۇلارغا
كۆرسەتمىگەن بىرىمۇ قالمىدى.

12:20 **«مېروداق-بالادان»** ــ ياكى «بېروداق-بالادان». **«بابىل پادىشاھى مېروداق-بالادان... خەتلەر ھەدىيە بىلەن ئەۋەتتى»** ــ مېروداق-بالادان ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 702-يىلى غۇلىتىلدى. مۇشۇ ئىشمۇ شۇ يىلدا بولغان بولۇشى كېرەك. دېمەك، بۇ ئىش، يەنى 20-بابتا ۋە «يەش.» 38-39-بابتا تەسۋىرلەنگەن ئىشلار «2پاد.» 18:17-37 ۋە 19-بابتىكى ئىشلاردىن **ئىلگىرى** يۈز بەرگەن. ئەمدى نېمىشقا ئۇلاردىن كېيىن خاتىرىلەنگەن؟ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق «يەش.» 39:1دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

14 ئاندىن يەشايا پەيغەمبەر ھەزەكىيانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن: ــ
«مۇشۇ كىشىلەر نېمە دېدى؟ ئۇلار سېنى يوقلاشقا نەدىن كەلگەن؟»
ــ دەپ سورىدى.
ھەزەكىيا: ــ «ئۇلار يىراق بىر يۇرتتىن، يەنى بابىلدىن كەلگەن» دېدى.
15 يەشايا يەنە: ــ «ئۇلار ئوردائىڭدا نېمىنى كۆردى؟» دەپ سورىدى.
ھەزەكىيا: ــ «ئوردامدا بار نەرسىلەرنى ئۇلار كۆردى؛ بايلىقلىرىمنىڭ
ئارىسىدىن مەن ئۇلارغا كۆرسەتمىگەن بىرىمۇ قالمىدى» ــ دېدى.
16 يەشايا ھەزەكىياغا: پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قويغىن: ــ
17 ــ مانا شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ئوردائىڭدا بار نەرسىلەر ۋە بۈگۈنگە
قەدەر ئاتا-بوۋىلىرىڭ توپلاپ، ساقلاپ قويغان ھەممە بابىلغا ئېلىپ
كېتىلىدۇ؛ ھېچنەرسە قالمايدۇ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
18 ــ ھەمدە بابىللىقلار ئوغۇللىرىڭنى، يەنى ئۆزۈڭدىن بولغان
ئەۋلادلىرىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بابىل پادىشاھىنىڭ
ئوردىسىدا ئاغۋات بولىدۇ.
19 ھەزەكىيا ئەمدى ئۆز-ئۆزىگە «ئۆز كۈنلىرىمدە بولسا ئامان-
تىنچلىق، خۇدانىڭ ھەقىقەت-ۋاپالىقى بولمامدۇ؟»، دەپ يەشاياغا: ــ

---

**18:20 «بابىللىقلار ئوغۇللىرىڭنى، يەنى ئۆزۈڭدىن بولغان ئەۋلادلىرىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ ... ئۇلار بابىل پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا ئاغۋات بولىدۇ»** ــ كۆرۈنۈشتە ئاددىي كۆرۈنگەن مۇشۇ ۋەقە ئۈچۈن نېمىشقا مۇشۇ قاتتىق جازالىق سۆز چىقىدۇ؟ پىكرىمىزچە، ئۈچ سەۋەبى بار: —

—(1) ھەزەكىيا خۇداغا: «قەدەملىرىمنى ساناپ ماڭىمەن» دېگەن ۋەدىنى بەرگەنىدى، لېكىن بۇ قېتىم خۇدادىن ھېچ سورىماي شۇنداق قىلغان؛

—(2) ئەلچىلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئۇ بەلكىم: «ھازىر مەن «جاھانغا داڭقى چىققان ئادەممەن»، «كىچىك دۆلىتىمىزنىڭ جاھاندا ئورنى بار» دەپ تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

—(3) مۇشۇلاردىن سىرت، بىلىشىمىزچە مېروداق-بالادان ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە قارشى بىر ئىتتىپاقنى بەرپا قىلماقچى. ئۇ «تەكەللۇپ كۆرسىتىدىغان» مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەزەكىيانى ئىتتىپاققا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان. ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغانلىقىنى، قۇياشنىڭ نۇرىنىڭ «كەينىگە يانغانلىقى»دەك ئىنتايىن كارامەت مۆجىزىنى كۆرگەن، خۇدانىڭ «مەن سىلەرنى ئاسۇرىيەدىن قۇتقۇزىمەن» دېگەن ۋەدىسىنى ئاڭلىغان ھەزەكىيا قانداقمۇ خۇداسىز بىر ئەل-يۇرت بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى بولغاندۇ؟

—«ئاغۋات» ــ پىچۇۋېتىلگەن ئادەم، «يەش.» 4:56-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

«سىز ئىپتقان پەرۋەردىگارنىڭ مۇشۇ سۆزى ياخشى ئىكەن» ــ دېدى.
[20] ھەزەكىيانىڭ باشقا ئەمەللىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ
قۇدرىتى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ شەھەرگە سۇ تەمىنلەش ئۈچۈن كۆل،
شۇنداقلا سۇ ئاپىرىدىغان نور ياسىغانلىقى «يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ
تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
[21] ھەزەكىيا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى؛ ئوغلى ماناسسەھ
ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ماناسسەھنىڭ يەھۇدانىڭ ئۈستىدىكى سەلتەنىتى

2تار. 33:1-9، 20

21 [1] ماناسسەھ پادىشاھ بولغاندا ئون ئىككى ياشتا بولۇپ،
يېرۇسالېمدا ئەللىك بەش يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ
ئانىسىنىڭ ئىسمى ھەفزىباھ ئىدى. [2] ئۇ پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ
ئالدىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن يات ئەللىكلەرنىڭ يىرگىنچلىك
ئادەتلىرىگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل
بولغاننى قىلدى. [3] ئۇ ئاتىسى ھەزەكىيا بۇزۇپ يوقاتقان «يۇقىرى
جايلار»نى قايتىدىن ياساتتى؛ ئۇ بائالغا ئاتاپ قۇربانگاھلارنى سالدۇرۇپ،
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاھاب قىلغاندەك بىر ئاشەراھ مەبۇد ياسىدى؛
ئۇ ئاسماندىكى نۇرغۇنلىغان ئاي-يۇلتۇزلارغا باش ئۇردى ۋە ئۇلارنىڭ

---

19:20 **«ئۆز كۈنلىرىمدە بولسا ئامان-تىنچلىق، خۇدانىڭ ھەققەت-ۋاپالىقى بولمامدۇ؟»** ــ ھەزەكىيا مۇشۇ سۆزلەرنى يەنە ئوچۇق ئىپتىشى مۇمكىن. **«سىز ئىپتقان پەرۋەردىگارنىڭ مۇشۇ سۆزى ياخشى ئىكەن»** ــ مۇشۇ ئايەتتە، ھەزەكىيانىڭ ئۆز-ئۆزىگە دېگەنلىرى باشقىلارغا، ھەتتا ئۆز جەمەتىگە بولغان بىرخىل بىغەم، كۆيۈمسىز پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. يەشايا دېگەن بېشارەت ئەمەلىيەتتە يۈز يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان؛ ۋاقتىنىڭ سوزۇلۇشى بولسا بەلكىم يەھۇدانىڭ كېيىنكى بىر پادىشاھى (يوسىيا)نىڭ قاتتىق تۆۋا قىلىشى تۈپەيلىدىن بولدى.

**20:20** 2تار. 30:32

**1:21** 2تار. 1:33

قۇللۇقىغا كىردى. [4]ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىمۇ قۇربانگاھلارنى
ياساتتى. شۇ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق پەرۋەردىگار: مەن يېرۇسالېمدا مېنىڭ
نامىمنى قويىمەن، دېگەنىدى. [5]ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىككى
ھويلىسىدا «ئاسماننىڭ قوشۇنى»غا قۇربانگاھلارنى ئاتاپ ياساتتى.
[6]ئۆز ئوغلىنى ئوتتىن ئۆتكۈزدى؛ جادۇگەرچىلىك بىلەن پالچىلىق
ئىشلەتتى، ئۆزىگە جىنكەشلەر بىلەن ئەپسۇنچىلارنى بېكىتتى؛ ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە سان-ساناقسىز رەزىللىكنى قىلىپ ئۇنىڭ
غەزىپىنى قوزغىدى. [7]ئۇ ياساتقان «ئاشەراھ» ئويما مەبۇدنى خۇدانىڭ
ئۆيىگە قويدى. شۇ ئۆي توغرۇلۇق پەرۋەردىگار داۋۇتقا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
سۇلايمانغا: ــ «بۇ ئۆيدە، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىنىڭ
زېمىنلىرى ئارىسىدىن مەن تاللىغان يېرۇسالېمدا ئۆز نامىمنى
ئەبەدگىچە قالدۇرىمەن؛ [8]ئەگەر ئىسرائىل پەقەت مەن ئۇلارغا تاپىلىغان
بارلىق ئەمرلەرگە، يەنى ئۆز قۇلۇم مۇسا ئۇلارغا بۇيرۇغان بارلىق قانۇنغا
مۇۋاپىق ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل قويسىلا، مەن ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى ئاتا-
بوۋىلىرىغا تەقسىم قىلغان بۇ زېمىندىن قايتىدىن نېرى قىلمايمەن»،
دېگەنىدى. [9]لېكىن ئۇلار قۇلاق سالمايتتى؛ شۇڭلاشقىمۇ، ماناسسەھ
ئۇلارنى شۇنداق ئازدۇردىكى، ئۇلار پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن
ھالاك قىلغان يات ئەللىكلەردىن ئاشۇرۇپ رەزىللىك قىلاتتى.
[10]شۇڭا پەرۋەردىگار ئۆز قۇللىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى
ئارقىلىق مۇنداق دېدى: ــ
[11]يەھۇدانىڭ پادىشاھى ماناسسەھ بۇ يىرگىنچلىك ئىشلارنى

---

3:21 **«ئاسماندىكى نۇرغۇنلىغان ئاي-يۇلتۇزلار»** ــ ««ئاسماننىڭ قوشۇنى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تەۋراتتىن بىلىمىزكى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ پەرىشتىلەر ۋە بەزى ئەھۋالدا ئاسماندىكى يامان كۈچلەر، يەنى جىن-شەيتانلار بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار («زەب.» 4:147، «ئايۇپ» 7-4:38، «ۋەھ.» 4:12نى كۆرۈڭ).

**3:21** 2پاد. 4:18

**4:21** قان. 5:12، 11؛ 2سام. 13:7؛ 1پاد. 29:8؛ 3:9؛ 2تار. 12:7؛ زەب. 13:132، 14؛ يەر. 34:32

5:21 **«ئاسماننىڭ قوشۇنى»** ــ مۇشۇ يەردە قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىدۇ.

**7:21** 2سام. 10:7؛ 1پاد. 16:8، 29؛ 3:9؛ 2پاد. 27:23

قىلىپ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئامورىيلار قىلغان
بارلىق رەزىللىكتىن زىيادە رەزىللىك قىلىپ، ئۇنىڭ بۇتلىرى بىلەن
يەھۇدانىمۇ گۇناھقا ئازدۇرغىنى ئۈچۈن [12] ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«مانا، يېرۇسالېم بىلەن يەھۇدانىڭ ئۈستىگە شۇنداق بالايىئاپەت
كەلتۈرىمەنكى، كىمكى ئۇنى ئاڭلىسىلا قۇلاقلىرى زىڭىلداپ كېتىدۇ.
[13] مەن سامارىيەنى ئۆلچىگەن تانا ۋە ئاھابنىڭ جەمەتىنى تەكشۈرگەن
تىك ئۆلچىگۈچ يىپ بىلەن يېرۇسالېمنى تەكشۈرىمەن؛ كىشى قاچىنى
چايقاپ سۈرتكەندىن كېيىن دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك، يېرۇسالېمنى
چايقاپ ئۆرۈيمەن. [14] مەن مىراسىمنىڭ قالغانلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىپ،
دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛ ئۇلارنى ھەممە دۈشمەنلىرىگە
بۇلاڭ-تالاڭ ئوبيېكتى ۋە ئولجا قىلىپ بېرىمەن؛ [15] چۈنكى ئۇلار مېنىڭ
نەزىرىمدە رەزىل بولغاننى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى مىسىردىن
چىققان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە غەزىپىمنى قوزغاپ كەلدى».
[16] ماناسسەھ ئەمدى پۈتكۈل يېرۇسالېمنى بىر چېتىدىن يەنە بىر
چېتىگىچە قانغا تولدۇرۇپ، كۆپ ناھەق قان تۆككۈزدى ۋە ئوخشاشلا
ئۆزى قىلىۋاتقان گۇناھى بىلەن يەھۇدالارنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدىكى رەزىللىكنى قىلىشىغا سەۋەب بولدى.
[17] ماناسسەھنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى،
جۈملىدىن ئۇ سادىر قىلغان گۇناھ «يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-

---

11:21 يەر. 4:15

13:21 **«سامارىيەنى ئۆلچىگەن تانا»** ــ شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ سامارىيەنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەن جازا ھۆكۈمىنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئاھابنىڭ جەمەتىنى تەكشۈرگەن تىك ئۆلچىگۈچ يىپ» ــ خۇدانىڭ ئاھابنىڭ جەمەتىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەن جازا ھۆكۈمىنى كۆرسىتىدۇ. «ئام.» 7:7-8نى كۆرۈڭ. **«كىشى قاچىنى چايقاپ سۈرتكەندىن كېيىن دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك، يېرۇسالېمنى چايقاپ ئۆرۈيمەن»** ــ بۇ سۆز، بەلكىم، خۇدانىڭ يېرۇسالېمدىن بارلىق ئاھالىسىنى يىراق قىلىپ، ئۇنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 14-ئايەتنى كۆرۈڭ.

14:21 **«مىراسىم»** ــ ئىسرائىلدىكى ئون ئىككى قەبىلە؛ «مىراسىمنىڭ قالغانلىرى» ــ ئىسرائىلدىن يالغۇز قالغان قەبىلە، يەنى يەھۇدانى كۆرسىتىدۇ.

تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
[18] ماناسسەھ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە ئۆز ئۆيىنىڭ بېغىدا، يەنى ئۇززاھنىڭ بېغىدا دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى ئامون ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئامۇننىڭ يەھۇدانىڭ ئۈستىدىكى سەلتەنىتى

2تار. 33:21-25

[19] ئامون پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە ئىككى ياشتا بولۇپ، يېرۇسالېمدا ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى مەشۇللەمەت ئىدى؛ ئۇ يوتباھلىق ھارۇزنىڭ قىزى ئىدى.
[20] ئامون ئاتىسى ماناسسەھ قىلغاندەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلاتتى. [21] ئۇ ئاتىسى ماڭغان بارلىق يوللاردا ماڭاتتى؛ ئۇ ئاتىسى قۇللۇقىدا بولغان بۇتلارنىڭ قۇللۇقىدا بولۇپ، ئۇلارغا سەجدە قىلىپ، [22] پەرۋەردىگارنىڭ يولىدا يۈرمەي، ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنى تەرك قىلدى. [23] ئەمدى ئامۇننىڭ خىزمەتكارلىرى پادىشاھنى قەستلەپ، ئۇنى ئۆز ئوردىسىدا ئۆلتۈردى. [24] لېكىن يۇرت خەلقى ئامون پادىشاھنى قەستلىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى؛ ئاندىن يۇرت خەلقى ئۇنىڭ ئورنىدا ئوغلى يوسىيانى پادىشاھ قىلدى.
[25] ئامۇننىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
[26] ئۇ ئۇززاھنىڭ بېغىدا ئۆز قەبرىسىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى يوسىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

---

**18:21** 2تار. 20:33
**26:21** مات. 10:1

## يوسىيانىڭ يەھۇدانىڭ ئۈستىدىكى سەلتەنىتى

2تار. 34:1-28

22 1 يوسىيا پادىشاھ بولغاندا سەككىز ياشتا بولۇپ، يېرۇسالېمدا
ئوتتۇز بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ
ئىسمى يەدىداھ ئىدى؛ ئۇ بوزكاتلىق ئادايانىڭ قىزى ئىدى. 2 يوسىيا
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلىپ، ھەر ئىشتا ئاتىسى
داۋۇتنىڭ بارلىق يولىدا يۈرۈپ، نە ئوڭغا نە سولغا چەتنەپ كەتمىدى.
3 پادىشاھ يوسىيا سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلىدا،
پادىشاھ مەشۇللامنىڭ نەۋرىسى، ئازالىيانىڭ ئوغلى كاتىپ شافاننى
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ: 4 «باش كاھىن ھىلقىيانىڭ
قېشىغا چىقىپ شۇنى بۇيرۇغىنكى، ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە
ئېلىپ كېلىنگەن، دەرۋازىۋەنلەر خەلقتىن يىغقان پۇلنى سانىسۇن. -5
6 ئاندىن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئوڭشايدىغان ئىشلارنى نازارەت
قىلغۇچى ئىشچىلارغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن. بۇلار ھەم پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىدىكى بۇزۇلغان يەرلەرنى ئوڭشاشقا ئۆيدە ئىشلىگۈچىلەرگە،
يەنى ياغاچچىلار، تامچىلار ۋە تاشتىراشلارغا بەرسۇن. ئۇلار مۇشۇ پۇل
بىلەن ئۆيىنى ئوڭشاشقا لازىم بولغان ياغاچ بىلەن ئويۇلغان تاشلارنى
سېتىۋالسۇن، دېگىن» ــ دېدى.
7 لېكىن ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان پۇلنىڭ ھېسابى قىلىنمىدى.
چۈنكى ئۇلار ئىنساپ بىلەن ئىش قىلاتتى.
8 باش كاھىن ھىلقىيا كاتىپ شافانغا: ــ مەن پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىدە بىر تەۋرات كىتابىنى تاپتىم، دېدى. شۇنى ئېيتىپ ھىلقىيا
كىتابنى شافانغا بەردى. ئۇ ئۇنى ئوقۇدى. 9 ئاندىن كېيىن كاتىپ
شافان پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ پادىشاھقا خەۋەر بېرىپ: ــ
خىزمەتكارلىرى ئىبادەتخانىدىكى پۇلنى يىغىپ پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىنى ئوڭشايدىغان ئىش بېشىلىرىنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى،
دېدى. 10 ئاندىن كاتىپ شافان پادىشاھقا: ھىلقىيا ماڭا بىر كىتابنى

1:22 2تار. 1:34

بەردى، دېدى. ئاندىن شافان پادىشاھقا ئۇنى ئوقۇپ بەردى. [11] ۋە شۇنداق
بولدىكى، پادىشاھ تەۋرات كىتابىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۆز
كىيىملىرىنى يىرتتى.
[12] پادىشاھ ھىلقىيا كاھىن بىلەن شافاننىڭ ئوغلى ئاھىكامغا،
مىكايانىڭ ئوغلى ئاكبور بىلەن شافان كاتىپقا ۋە پادىشاھنىڭ
خىزمەتكارى ئاسايىاغا بۇيرۇپ: ــ [13] بېرىپ مەن ئۈچۈن ۋە خەلق ئۈچۈن،
يەنى پۈتكۈل يەھۇدادىكىلەر ئۈچۈن بۇ تېپىلغان كىتابنىڭ سۆزلىرى
توغرىسىدا پەرۋەردىگاردىن يول سوراڭلار. چۈنكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ
كىتابنىڭ سۆزلىرىگە، ئۇنىڭدىكى بىزلەرگە پۈتۈلگەنلىرىگە ئەمەل
قىلىشقا قۇلاق سالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە
قوزغالغان غەزىپى ئىنتايىن دەھشەتلىك، دېدى.
[14] شۇنىڭ بىلەن ھىلقىيا كاھىن، ئاھىكام، ئاكبور، شافان ۋە ئاسايالار
خارخاسنىڭ نەۋرىسى، تىكۋاھنىڭ ئوغلى كىيىم-كېچەك بېگى
شاللۇمنىڭ ئايالى ئايال پەيغەمبەر ھۇلداھنىڭ قېشىغا بېرىپ،
ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ ئىككىنچى
مەھەللىسىدە ئولتۇراتتى.
[15] ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ «سىلەرنى ئەۋەتكەن كىشىگە مۇنداق دەڭلار: ــ
[16] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا مەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئوقۇغان
كىتابنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بۇ جايغا ۋە بۇ يەردە
تۇرغۇچىلارغا بالايىئاپەت چۈشۈرىمەن. [17] چۈنكى ئۇلار مېنى تاشلاپ،
باشقا ئىلاھلارغا خۇشبۇي يېقىپ، قوللىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرى
بىلەن مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ قەھرىم
بۇ يەرگە قاراپ ياندى ھەم ئۆچۈرۈلمەيدۇ.

---

11:22 **«پادىشاھ تەۋرات كىتابىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا...»** ــ تېپىۋېلىنغان كىتاب تەۋراتنىڭ قايسى قىسمى بولۇشى كېرەك؟ پادىشاھنىڭ ئىنكاسى، يەنى كېيىنكى ھەرىكەتلىرىگە، بولۇپمۇ «يۇقىرى جايلار»نى يوقىتىشىغا قارىغاندا، «تېپىۋېلىنغان كىتاب» چوقۇم بۇ ئىشنى تەكىتلەيدىغان «قانۇن شەرھى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

18 لېكىن سىلەرنى پەرۋەردىگاردىن يول سورىغىلى ئەۋەتكەن يەھۇدانىڭ
پادىشاھىغا بولسا شۇنداق دەڭلار: سەن ئاڭلىغان سۆزلەر توغرىسىدا
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ 19 چۈنكى كۆڭلۈڭ
يۇمشاق بولۇپ، مۇشۇ جاي ۋە ئۇنىڭدا تۇرغۇچىلارنىڭ ۋەيرانە ۋە
لەنەتكە ئايلاندۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇلارنى ئەيىبلەپ ئېيتقان
سۆزلىرىمنى ئاڭلىغىنىڭدا، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى تۆۋەن
قىلىپ، كىيىملىرىڭنى يىرتىپ، مېنىڭ ئالدىمدا يىغلىغىنىڭ
ئۈچۈن، مەنمۇ دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم، دەيدۇ پەرۋەردىگار. 20 بۇنىڭ
ئۈچۈن سېنى ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلەن يىغىلىشقا، ئۆز قەبرەڭگە ئامان-
خاتىرجەملىك ئىچىدە بېرىشقا نېسىپ قىلىمەن؛ سېنىڭ كۆزلىرىڭ
مەن بۇ جاي ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان بارلىق كۈلپەتلەرنى كۆرمەيدۇ».
ئۇلار يېنىپ بېرىپ، بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزدى.

## يوسىيا پادىشاھ ئىسلاھات قىلدۇ

2تار. 34:29-30؛ 35:1-27

23 1 پادىشاھ ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ
ھەممە ئاقساقاللىرىنى ئۆز قېشىغا چاقىرتىپ كەلدى.
2 پادىشاھ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چىقتى؛ بارلىق يەھۇدادىكى ئەر
كىشىلەر ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى، كاھىنلار بىلەن
پەيغەمبەرلەر، يەنى بارلىق خەلق، ئەڭ كىچىكىدىن تارتىپ چوڭىغىچە
ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى. ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە
تېپىلغان ئەھدە كىتابىنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى.
3 پادىشاھ تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا: ــ
پەرۋەردىگارغا ئەگىشىپ پۈتۈن قەلبىم ۋە پۈتكۈل جېنىم بىلەن ئۇنىڭ

**23:1** 2تار. 34:29

**23:2** **«ھەممە سۆزلىرىنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «ھەممە سۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئوقۇپ بەردى».

ئەمرلىرىنى، ھۆكۈم-گۇۋاھلىقلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تۇتۇپ،
ئۇشبۇ كىتابتا پۈتۈلگەن ئەھدىگە ئەمەل قىلىمەن دەپ ئەھدىگە
ئۆزىنى باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسىمۇ ئەھدە ئالدىدا
تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى باغلىدى.
[4] ئاندىن كېيىن پادىشاھ باش كاھىن ھىلقىيا بىلەن ئورۇن باسار
كاھىنلارغا ۋە ھەم دەرۋازىۋەنلەرگە: ــ بائالغا، ئاشەراھ بۇتىغا ۋە
ئاسماننىڭ بارلىق قوشۇنىغا ئاتاپ ياسالغان بارلىق ئەسۋاب-
ئۈسكۈنىلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، دەپ ئەمر
قىلدى؛ ئۇ بۇلارنى يېرۇسالېمنىڭ سىرتىدا، كىدرون ئېتىزلىقىدا
كۆيدۈردى ۋە كۈللىرىنى بەيت-ئەلگە ئېلىپ باردى. [5] ئۇ يەھۇدا
پادىشاھلىرىنىڭ يەھۇدا شەھەرلىرىدىكى «يۇقىرى جايلار»دا
ھەمدە يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپلىرىدىكى «يۇقىرى جايلار»دا
خۇشبۇي ياندۇرۇشقا تىكلىگەن بۇت كاھىنلىرىنى، شۇنىڭدەك
بائالغا، قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇز تۈركۈملىرىگە ھەمدە ئاسماننىڭ
بارلىق قوشۇنىغا خۇشبۇي ياققۇچىلارنى ئىشتىن ھەيدىۋەتتى. [6] ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىن ئاشەراھ بۇتنى ئېلىپ چىقىپ يېرۇسالېمنىڭ
سىرتىغا ئېلىپ بېرىپ، كىدرون جىلغىسىغا ئاپىرىپ شۇ يەردە
كۆيدۈرۈپ كۈكۈم-تالقان قىلىپ ئېزىپ، توپىسىنى ئاددىي پۇقرالارنىڭ
قەبرىلىرى ئۈستىگە چېچىۋەتتى. [7] ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە
جايلاشقان بەچچىۋازلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنى چېقىپ غۇلاتتى؛ بۇ ئۆيلەردە
يەنە ئاياللار ئاشەراھ بۇتقا چېدىر توقۇيتتى.
[8] ئۇ يەھۇدا شەھەرلىرىدىن بارلىق كاھىنلارنى چاقىرتىپ، ئۆزىگە
يىغدى. ئاندىن ئۇ گەبادىن تارتىپ بەئەر-شېباغىچە كاھىنلار خۇشبۇي
ياقىدىغان «يۇقىرى جايلار»نى بۇزۇپ بۇلغىۋەتتى؛ ئۇ «دەرۋازىلاردىكى
يۇقىرى جايلار»نى چېقىپ بۇزدى؛ بۇلار «شەھەر باشلىقى يەشۇئانىڭ

---

3:23 **«تۇۋرۈكنىڭ يېنىدا»** ــ ياكى «پەشتاق ئۈستىدە». **«كىتابتا پۈتۈلگەن ئەھدىگە...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «كىتابتا پۈتۈلگەن ئەھدە سۆزلىرىگە...».

5:23 **«...ئىشتىن ھەيدىۋەتتى»** ــ ياكى «... ھالاك قىلدى».

قوۋۇقى»نىڭ يېنىدا، يەنى شەھەر قوۋۇقىغا كىرىش يولىنىڭ سول
تەرىپىدە ئىدى [9](ئەمدى «يۇقىرى جايلار»دىكى كاھىنلارنىڭ
يېرۇسالېمدا پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانگاھىغا چىقىشى چەكلەنگەنىدى؛
لېكىن ئۇلار داۋاملىق ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرگە پېتىر ناندىن
يېيىشكە مۇيەسسەر ئىدى).
[10] يوسىيا ھېچكىم ئۆز ئوغلى ياكى قىزىنى مولەككە ئاتاپ ئوتتىن
ئۆتكۈزمىسۇن دەپ، ھىننومنىڭ ئوغلىنىڭ جىلغىسىدىكى
توفەتنىمۇ بۇزۇپ بۇلغىۋەتتى. [11] پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان
يولنىڭ ئېغىزىدا يەھۇدا پادىشاھلىرى قۇياشقا تەقدىم قىلىپ
قويغان ئاتلارنى شۇ يەردىن يۆتكەپ، «قۇياش ھارۋىلىرى»نى ئوتتا
كۆيدۈردى (ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىلىرىغا جايلاشقان، ناتان-
مەلەك دېگەن ئاغۋاتنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇراتتى). [12] پادىشاھ
يەنە يەھۇدا پادىشاھلىرى ئاھازنىڭ بالىخانىسىنىڭ ئۆگزىسىدە
سالدۇرغان قۇربانگاھلارنى ۋە ماناسسەھ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ
ئىككى ھويلىسىغا ياساتقان قۇربانگاھلارنى چېقىپ كۇكۇم-تالقان
قىلىۋەتتى؛ ئۇ ئۇلارنىڭ توپىسىنى ئۇ يەردىن ئېلىپ، كىدرون
جىلغىسىغا چېچىۋەتتى. [13] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى سۇلايمان
يېرۇسالېمنىڭ مەشرىق تەرىپىگە ۋە «ھالاك تېغى»نىڭ جەنۇبىغا

---

8:23 **«گىبادىن بەئەر-شېباغىچە»** — «گىبا» يەھۇدانىڭ شىمالىي چېتىدە، «بەئەر-شېبا» ئۇنىڭ جەنۇبىي چېتىدە ئىدى. **«ئۇ ... بارلىق كاھىنلارنى چاقىرتىپ، ... ئاندىن ئۇ ... كاھىنلار خۇشبۇي ياقىدىغان «يۇقىرى جايلار»نى بۇزۇپ بۇلغىۋەتتى»** — يوسىيا مۇشۇ يەرلەرنى بۇلغاش بىلەن بۇتپەرەسلەرنىڭ كېيىن ئۇ يەرنى «بۇلغانغان، ھارام» دەپ قاراپ، قايتىدىن شۇنداق يولدا ئىشلىتىشىنى مۇمكىن ئەمەس قىلىش ئۈچۈن ئىدى. **«دەرۋازىلاردىكى يۇقىرى جايلار»** — ياكى «تاۋاپگاھلارنى».

10:23 **«ئۆز ئوغلى ياكى قىزىنى... ئوتتىن ئۆتكۈزۈش»** — ئىنسانىي قۇربانلىقلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. **«ھىننومنىڭ ئوغلىنىڭ جىلغىسى»** — بۇ يەر يەنە «ھىننومنىڭ جىلغىسى»، يەنى «گې-ھىننوم» دەپ ئاتىلاتتى (ئەرەبچە «جەھەننەم»).

11:23 **«قۇياشقا تەقدىم قىلىپ قويغان ئاتلار»** — بۇ ئاتلار تىرىك ئاتلار ياكى ئات ھەيكىلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. **«ناتان-مەلەك دېگەن ئاغۋاتنىڭ ئۆيى»** — بەلكىم مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ بىرەر ھويلىسىدا بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

زىدونىيلارنىڭ يىرگىنچلىك بۇتى ئاشتاروت، موئابىيلارنىڭ
يىرگىنچلىك بۇتى كېموش ۋە ئاممونلارنىڭ يىرگىنچلىك بۇتى
مىلكومغا ئاتاپ ياساتقان «يۇقىرى جايلار»نىمۇ پادىشاھ بۇزۇپ
بۇلغىۋەتتى. [14] ئۇ بۇت تۈۋرۈكلەرنى پارچىلاپ، ئاشەراھ بۇتلىرىنى
كېسىپ يىقىتىپ، ئۇلار تۇرغان يەرلەرنى ئادەم سۆڭەكلىرى بىلەن
تولدۇردى.
[15] ئۇ يەنە ئىسرائىلنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان، نىباتنىڭ ئوغلى
يەروبوئام بەيت-ئەلدە سالدۇرغان قۇربانگاھ بىلەن «يۇقىرى
جاي»نى، ئۇلارنى بۇزۇپ چاقتى، ئاندىن كېيىن «يۇقىرى جاي»نى
كۆيدۈرۈپ كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى، ئاشەراھ بۇتىنىمۇ كۆيدۈرۈۋە
تتى. [16] يوسىيا بۇرۇلۇپ قاراپ، تاغدىكى قەبرىلەرنى كۆرۈپ، ئادەم
ئەۋەتىپ قەبرىلەردىكى سۆڭەكلەرنى كولاپ چىقىرىپ، قۇربانگاھ
ئۈستىدە كۆيدۈردى، شۇ يول بىلەن ئۇنى بۇلغىۋەتتى. بۇ ئىشلار
پەرۋەردىگارنىڭ كالامىنى يەتكۈزۈپ، دەل ئۇلارنى ئالدىنئالا
بېشارەت قىلىپ جاكارلىغان خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ سۆزىنىڭ ئەمەلگە
ئاشۇرۇلۇشى ئىدى. [17] ئاندىن يوسىيا: كۆز ئالدىمدىكى بۇ قەبرە
تېشى كىمنىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.

---

13:23 **«هالاك تېغى»** ــ مۇشۇ يەردە «زەيتۇن تېغى»نى كۆرستىدۇ. بۇتپەرەسلىكتىن بۇلغىنىپ كەتكىنى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا شۇنداق ھەجۋىي، كىنايىلىك ئىسىم قويۇلغان.

14:23 **«ئۇ بۇت تۈۋرۈكلەرنى پارچىلاپ،... ئۇلار تۇرغان يەرلەرنى ئادەم سۆڭەكلىرى بىلەن تولدۇردى»** ــ يوسىيانىڭ مۇشۇ يەرلەرنى «ئادەملەرنىڭ سۆڭەكلىرى» بىلەن تولدۇرۇشى بۇتپەرەسلەرنىڭ كېيىن ئۇ يەرلەرنى «بۇلغانغان، ھارام» دەپ قاراپ، قايتىدىن شۇنداق يولدا ئۇلارنى ئىشلىتىشنى مۇمكىن ئەمەس قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

**14:23** مىس. 24:23؛ 13:34؛ چۆل. 52:33؛ قان. 5:7، 25؛ 3:12

**15:23** 1پاد. 32:12، 33

16:23 **«يوسىيا ... تاغدىكى قەبرىلەرنى كۆرۈپ، ئادەم ئەۋەتىپ قەبرىلەردىكى سۆڭەكلەرنى كولاپ چىقىرىپ، قۇربانگاھ ئۈستىدە كۆيدۈردى»** ــ يۇقىرىقى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«پەرۋەردىگارنىڭ كالامىنى يەتكۈزۈپ، دەل ئۇلارنى ئالدىنئالا بېشارەت قىلىپ جاكارلىغان خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ سۆزى»** ــ «1پاد.» 13:30-32نى كۆرۈڭ.

**16:23** 1پاد. 2:13

شەھەردىكىلەر ئۇنىڭغا: بۇ يەھۇدادىن كەلگەن، سىلىنىڭ بەيت-
ئەلدىكى قۇربانگاھنى بۇزغان مۇشۇ ئىشلىرىنى بېشارەت قىلغان
خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ قەبرىسى ئىكەن، دېدى.
[18] يوسىيا: ــ ئۇنى قويۇڭلار، ھېچكىم ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى مىدىرلاتمىسۇن،
دەپ بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن سامارىيەدىن
كەلگەن پەيغەمبەرنىڭ سۆڭەكلىرىگە ھېچكىمنى تەگكۈزمىدى.
[19] ئاندىن يوسىيا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرى پەرۋەردىگارنىڭ
غەزىپىنى قوزغىغان، سامارىيەنىڭ شەھەرلىرىدە ياساتقان «يۇقىرى
جايلار»دىكى بارلىق ئۆيلەرنى چاقتى؛ ئۇ ئۇلارنى بەيت-ئەلدە
قىلغاندەك قىلىپ، يوقاتتى. [20] ئۇ ئۇ يەرلەردىكى «يۇقىرى جايلار»غا
خاس بولغان ھەممە كاھىنلارنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرۈپ،
قۇربانلىق قىلدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئادەم سۆڭەكلىرىنى
كۆيدۈردى؛ ئۇ ئاخىردا يېرۇسالېمغا يېنىپ باردى.

## يوسىيا پادىشاھ «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نى ئۆتكۈزىدۇ

2تار. 35:1-19

[21] پادىشاھ بارلىق خەلققە يارلىق چۈشۈرۈپ: ــ بۇ ئەھدە كىتابىدا
پۈتۈلگەندەك، خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارغا «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نى
ئۆتكۈزۈڭلار، دەپ بۇيرۇدى. [22] «باتۇر ھاكىملار» ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدىن
ھۆكۈم سۈرگەن كۈنلەردىن تارتىپ، نە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ
ۋاقىتلىرىدا نە يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىدا ئۇنداق بىر
«ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغانىدى؛ [23] يوسىيا
پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلىدا، پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ بۇ «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» يېرۇسالېمدا ئۆتكۈزۈلدى.
[24] شۇنىڭدەك يوسىيا يەھۇدا يۇرتىدا ۋە يېرۇسالېمدا پەيدا بولغان
جىنكەشلەر ۋە پالچىلارنى، تەرافىم مەبۇدلىرى، ھەرقانداق بۇتلار

**19:23** 2تار. 6:34

**21:23** مىس. 3:12؛ قان. 2:16؛ 2تار. 1:35

ۋە بارلىق باشقا لەنەتلىك نەرسىلەرنى زېمىندىن يوقاتتى. ئۇنىڭ
شۇنداق قىلىشىنىڭ مەقسىتى، ھىلقىيا كاھىن پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىدىن تاپقان كىتابتا خاتىرىلەنگەن تەۋراتتىكى سۆزلەرگە ئەمەل
قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.
[25] ئۇنىڭدەك مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇنغا ئىنتىلىپ پۈتۈن قەلبى،
پۈتۈن جېنى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن پەرۋەردىگارغا قايتىپ، ئۆزىنى
بېغىشلىغان بىر پادىشاھ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولمىغانىدى ۋە
ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرسى بولۇپ باقمىدى.
[26] لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ ئاچچىقى ماناسسەھنىڭ ئۆزىنى رەنجىتكەن
بارلىق رەزىللىكلىرى تۈپەيلىدىن يەھۇداغا تۇتاشقاندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ شىددەتلىك غەزىپىدىن يانمىدى. [27] پەرۋەردىگار: ــ
ئىسرائىلنى تاشلىغاندەك يەھۇدانىمۇ ئۆز كۆزۈمدىن نېرى قىلىمەن
ۋە ئۆزۈم تاللىغان بۇ شەھەر يېرۇسالېمنى ۋە مەن: ــ «مېنىڭ نامىم
شۇ يەردە بولىدۇ» دېگەن شۇ ئىبادەتخانىنى تەرك قىلىمەن، دېدى.
[28] يوسىيانىڭ باشقا ئەمەللىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى
«يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا
پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
[29] ئۇنىڭ كۈنلىرىدە مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋن-نەكو ئاسۇرىيەنىڭ
پادىشاھىغا ھۇجۇم قىلغىلى ئەفرات دەرياسىغا باردى. ئۇ چاغدا يوسىيا
پادىشاھ پىرەۋن بىلەن سوقۇشۇشقا چىقتى؛ لېكىن پىرەۋن ئۇنى كۆرۈپ
مەگىددودا ئۇنى ئۆلتۈردى. [30] جان ھەلقۇمىدا خىزمەتكارلىرى ئۇنى

---

24:23 **«تەرافىم مەبۇدلىرى»** ــ كىچىك، ئېلىپ يۈرگۈدەك «قولايلىق بۇتلار» ئىدى.

**24:23** لاۋ. 31:19؛ 27:20؛ قان. 11:18؛ يەش. 19:8

25:23 **«ئۇنىڭدەك ... قانۇنغا ئىنتىلىپ پۈتۈن قەلبى، پۈتۈن جېنى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن پەرۋەردىگارغا قايتىپ، ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر پادىشاھ ... بولۇپ باقمىدى»** ــ بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ پەرۋەردىگارغا قايتىپ قاتتىق تۇۋا قىلىشى ۋە ھەققانىيلىققا بولغان ئىنتىلىشلىرى جەھەتتە ئېيتىلىدۇ.

27:23 **«شۇ ئىبادەتخانىنى...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «شۇ ئۆيىنى...».

**27:23** 2پاد. 18:17، 20؛ 3:24

جەڭ ھارۋىسىغا سېلىپ مەگىددودىن يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ئۆز قەبرىسىدە دەپنە قىلدى. يۇرت خەلقى يوسىيانىڭ ئوغلى يەھوئاھازنى مەسىھ قىلىپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلدى.

## يەھوئاھازنىڭ يەھۇدانىڭ ئۈستىدىكى سەلتەنىتى

2تار. 36:1-4

[31] يەھوئاھاز پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە ئۈچ ياشتا بولۇپ، ئۈچ ئاي
يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ھامۇتال
ئىدى؛ ئۇ لىبناھلىق يەرەمىيانىڭ قىزى ئىدى. [32] يەھوئاھاز بوۋىلىرى
بارلىق قىلغانلىرىدەك، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى.
[33] ئەمدى پىرەۋن-نەكو ئۇنىڭ يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلماسلىقى
ئۈچۈن، ئۇنى خامات يۇرتىدىكى رىبلاھدا سولاپ قويدى ۋە يەھۇدا
زېمىنىغا يۈز تالانت كۈمۈش بىلەن بىر تالانت ئالتۇن سېلىق چۈشۈرد
ى. [34] ئاندىن پىرەۋن-نەكو يوسىيانىڭ ئوغلى ئېلىئاكىمنى ئاتىسىنىڭ
ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ، ئىسمىنى يەھوئاكىمغا ئۆزگەرتتى. ئۇ
يەھوئاھازنى ئۆزى بىلەن مىسىرغا ئېلىپ كەتتى؛ يەھوئاھاز مىسىرغا
كېلىپ شۇ يەردە ئۆلدى.
[35] يەھوئاكىم كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى پىرەۋنگە بەردى؛ لېكىن
پىرەۋننىڭ شۇ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ پۇلنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن
يۇرتقا ھەربىر ئادەمنىڭ چامىغا قاراپ باج-ئالۋان قويغاندى؛ ئالتۇن
ۋە كۈمۈشنى ئۇ يۇرتنىڭ خەلقىدىن، ھەربىرىگە سالغان ئۆلچەم بويىچە
پىرەۋن-نەكوغا بېرىشكە يىغقاندى.

---

**30:23** 2تار. 1:36

**33:23** **«يۈز تالانت كۈمۈش»** ــ بىر تالانت بەلكىم 30.6 كىلوگرام ئىدى.

**34:23** **«ئېلىئاكىم»** ــ بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى «خۇدا (ئەلوھىم) تۇرغۇزىدۇ»؛ «يەھوئاكىم» دېگەننىڭ مەنىسى «پەرۋەردىگار (يەھۋەھ) تۇرغۇزىدۇ». پىرەۋننىڭ ئۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى بەلكىم بىرخىل ھەجۋىي-كىنايىلىك قىلىش ياكى خۇداغا بولغان كۆيۈرلۈق بولسا كېرەك.

**34:23** مات. 11:1

**35:23** 2تار. 36:5-8

[36]يەھوئاكىم پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشتا بولۇپ، ئون بىر يىل يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى زەبىداھ ئىدى؛ ئۇ رۇماھلىق پەدائاياننىڭ قىزى ئىدى. [37]يەھوئاكىم بوۋىلىرى بارلىق قىلغانلىرىدەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلاتتى.

## يەھوئاكىم يەھۇدا ئۈستىگە سەلتەنەت قىلىدۇ

24 [1]ئۇنىڭ كۈنلىرىدە بابىلنىڭ پادىشاھى نېبوقادنەسار يەھۇداغا ھۇجۇم قىلىشقا چىقتى؛ يەھوئاكىم ئۇنىڭغا ئۈچ يىلغىچە بېقىندى بولدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن تېنىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى. [2]شۇ ۋاقىتلاردا پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا كالدىيلەر بۇلاڭچىلار شايكىسى، سۇرىيلەر بۇلاڭچىلار شايكىسى، موئابىيلار بۇلاڭچىلار شايكىسى، ۋە ئاممونىيلار بۇلاڭچىلار شايكىلىرىنى قوزغىدى؛ ئۇ ئۇلارنى يەھۇدانى ھالاك قىلىش ئۈچۈن قوزغىدى. بۇ ئىشلار پەرۋەردىگار ئۆز قۇللىرى بولغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئاگاھ قىلغان سۆز-كالامىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئىدى. [3]دەرۋەقە پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك، ماناسسەھنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن يەھۇدانى ئۆز كۆزلىرىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشتى. [4]چۈنكى ماناسسەھنىڭ ناھەق قان تۆكۈپ، يېرۇسالېمنى ناھەق قانلار بىلەن تولدۇرغىنى تۈپەيلىدىن، پەرۋەردىگار يەھۇدالارنى ئەپۇ قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى.
[5]يەھوئاكىمنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟

**1:24** 2تار. 6:36
**2:24** 2پاد. 17:20؛ 27:23

[6] يەھوئاكىم ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى؛ ئوغلى يەھوئاكىن ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
[7] مىسىرنىڭ پادىشاھى بولسا ئۆز يۇرتىدىن ئىككىنچى چىقمىدى. چۈنكى بابىلنىڭ پادىشاھى «مىسىر ئېقىنى»دىن تارتىپ ئەفرات دەرياسىغىچە بولغان مىسىر پادىشاھىغا تەۋە زېمىننى تارتىۋالغانىدى.

## يەھوئاكىن سەلتەنەت قىلىدۇ

2تار. 36:9-10

[8] يەھوئاكىن پادىشاھ بولغاندا ئون سەككىز ياشتا بولۇپ، ئۈچ ئاي يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى نەھۇشتا ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېملىق ئەلناتاننىڭ قىزى ئىدى. [9] يەھوئاكىن ئاتىسىنىڭ بارلىق قىلغانلىرىدەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى.
[10] بابىلنىڭ پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ سەردارلىرى يېرۇسالېمغا جەڭ قىلغىلى چىقىپ، شەھەرنى قامال قىلدى. [11] ئۇنىڭ سەردارلىرى شەھەرنى قامال قىلىپ تۇرغاندا نېبوقادنەسار ئۆزىمۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقتى.
[12] ئاندىن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوئاكىن بىلەن ئانىسى، بارلىق خىزمەتكارلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە ئاغۋاتلىرى بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭغا تەن بەردى. شۇنداق قىلىپ بابىلنىڭ پادىشاھى ئۆز سەلتەنىتىنىڭ سەككىزىنچى يىلىدا ئۇنى ئەسىر قىلىپ تۇتتى. [13] نېبوقادنەسار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق خەزىنىلەر بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى خەزىنىلەرنى ئېلىپ كەتتى؛ پەرۋەردىگار ئاگاھ بەرگىنىدەك، ئۇ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى

7:24 **«مىسىر ئېقىنى»** ــ نىل دەرياسى ئەمەس، بەلكى سىناي چۆلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كىچىك دەريادۇر.

10:24 **«سەردارلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خىزمەتكارلىرى».

10:24 دان. 1:1

12:24 **«ئاغۋاتلىرى»** ــ ياكى «ئوردىدىكى غوجىدارلىرى».

سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن ياساتقان ھەممە ئالتۇن قاچا-ئەسۋابلارنى كېسىپ سۆكتى. [14] يېرۇسالېمنىڭ بارلىق ئاھالىسىنى، جۈملىدىن ھەممە ئەمەلدارلار، ھەممە باتۇر پالۋانلار، جەمئىي بولۇپ ئون مىڭ ئەسىرنى ۋە بارلىق ھۈنەرۋەنلەر ۋە تۆمۈرچىلەرنىمۇ ئېلىپ كەتتى؛ يۇرتتىكى خەلقتىن ئەڭ نامراتلاردىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. [15] ئۇ يەھوئاكىننى بابىلغا ئېلىپ كەتتى ۋە شۇنىڭدەك پادىشاھنىڭ ئانىسىنى، پادىشاھنىڭ ئاياللىرىنى، ئۇنىڭ ئاغۋاتلىرى ۋە يۇرتتىكى مۆتىۋەرلەرنى ئەسىر قىلىپ يېرۇسالېمدىن بابىلغا ئېلىپ باردى. [16] ئۇ باتۇر-پالۋانلارنىڭ ھەممىسىنى (يەتتە مىڭ ئىدى)، ھۈنەرۋەن ۋە تۆمۈرچىلەرنى (جەمئىي بىر مىڭ ئىدى) ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭگىۋار ئادەملەر بولۇپ، بابىلنىڭ پادىشاھى ئۇلارنى ئەسىر قىلىپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى.
[17] ئاندىن بابىلنىڭ پادىشاھى يەھوئاكىننىڭ تاغىسى ماتتانىيانى ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى زەدەكىياغا ئۆزگەرتتى.

## زەدەكىيا يەھۇدا ئۈستىدە سەلتەنەت قىلىدۇ

2تار. 36:11-21؛ يەر. 52:1-30

[18] زەدەكىيا پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بىر ياشتا بولۇپ، ئون بىر يىل يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى لىبناھلىق يەرەمىيانىڭ قىزى بولۇپ، ئىسمى ھامۇتال ئىدى. [19] زەدەكىيا يەھوئاكىمنىڭ بارلىق قىلغىنىدەك، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلاتتى. [20] پەرۋەردىگارنىڭ يېرۇسالېمغا ھەم يەھۇداغا قاراتقان غەزىپى تۈپەيلىدىن، پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرىدىن

13:24 2تار. 17:20؛ يەش. 6:39
15:24 2تار. 10:36؛ ئەست. 6:2
16:24 يەر. 28:52
17:24 يەر. 1:37؛ 1:52

ھەيدىۋەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، تۆۋەندىكى ئىشلار يۈز بەردى: ــ ئاۋۋال، زەدەكىيا بابىل پادىشاھىغا ئىسيان كۆتۈردى.

## نېبوقەدنەسار يېرۇسالېم شەھىرىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنى ئىشغال قىلىدۇ

25 [1] ئاندىن شۇنداق بولدىكى، ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ توققۇزىنچى يىلى، ئونىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە بابىل پادىشاھى نېبوقەدنەسار پۈتكۈل قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىپ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىشقا كەلدى؛ ھەمدە ئۇنى قورشىۋېلىپ بارگاھ قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قاشا-پوتەيلەرنى قۇرۇشتى. [2] شۇنىڭ بىلەن شەھەر زەدەكىيانىڭ ئون بىرىنچى يىلىغىچە مۇھاسىرىدە تۇردى. [3] شۇ يىلى تۆتىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنى شەھەردە ئېغىر قەھەتچىلىك ھەممىنى باسقان ۋە زېمىندىكىلەر ئۇچۇنمۇ ھېچ ئاش-ئوزۇق قالمىغانىدى. [4] شەھەر سېپىلى بۆسۈلدى؛ بارلىق جەڭگىۋار لەشكەرلەر قاچماقچى بولۇپ، تۈن كېچىدە بەدەر تىكىۋېتىشتى. ئۇلار پادىشاھنىڭ باغچىسىغا يېقىن «ئىككى سېپىل» ئارىلىقىدىكى دەرۋازىدىن كېتىشتى (كالدىيلەر بولسا شەھەرنىڭ ھەريېنىدا تۇراتتى). ئۇلار ئىئوردان جىلغىسىدىكى «ئاراباھ تۈزلەڭلىكى»نى بويلاپ قېچىشتى. [5] لېكىن كالدىيلەرنىڭ قوشۇنى پادىشاھنى قوغلاپ يېرىخو تۈزلەڭلىكىدە زەدەكىياغا يېتىشتى؛ ئۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنى ئۇنىڭدىن

1:25 « نېبوقەدنەسارنىڭ سەلتەنىتىنىڭ توققۇزىنچى يىلى، ئونىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى» ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرى 588-يىلى، 15-يانۋار ئىدى.

1:25 2تار. 17:36 يەر. 2:32؛ 1:39؛ 4:52

3:25 «زېمىندىكىلەر ئۈچۈنمۇ ھېچ ئاش-ئوزۇق قالمىغانىدى» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئەتراپىدىكى زېمىندىكىلەر ئۈچۈنمۇ ھېچ ئاش-ئوزۇق قالمىغانىدى». بۇ تەرجىمە توغرا بولسا، «ئەتراپىدىكى زېمىندىكىلەر» شەھەر ئەتراپىدىكى زېمىندىن قېچىپ پاناھ ئىزدەپ شەھەرگە كىرگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

3:25 يەر. 6:52

تارقىلىپ كەتكەنىدى. [6] ۋە ئۇلار پادىشاھنى تۇتۇپ، رىبلاھ شەھىرىگە، بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئاپاردى؛ ئۇلار شۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقاردى. [7] بابىل پادىشاھى زەدەكىيانىڭ ئوغۇللىرىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قەتل قىلدى؛ ئاندىن زەدەكىيانىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋەتتى؛ ئۇ ئۇنى مىس كىشەنلەر بىلەن باغلاپ، بابىلغا ئېلىپ باردى.

## مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ خاراب قىلىنىشى

[8] ۋە بەشىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىدە (بۇ بابىل پادىشاھى نېبوقەدنەسارنىڭ ئون توققۇزىنچى يىلى ئىدى) بابىل پادىشاھىنىڭ خىزمەتكارى، پاسىبانبېگى نېبوزار-ئادان يېرۇسالېمغا يېتىپ كەلدى . [9] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋە شەھەردىكى بارلىق ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى؛ بارلىق بەھەيۋەت ئىمارەتلەرگە ئۇ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. [10] ۋە پاسىبان بېگى يېتەكچىلىكىدىكى كالدىيلەرنىڭ پۈتكۈل قوشۇنى يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتكۈل سېپىللىنى ئۆرۈۋەتتى.
[11] پاسىبان بېگى نېبوزار-ئادان شەھەردە قالغان باشقا كىشىلەرنى، بابىل پادىشاھى تەرەپكە قېچىپ تەسلىم بولغانلارنى ۋە قالغان ھۈنەرۋەنلەرنى ئەسىر قىلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى. [12] لېكىن پاسىبان بېگى زېمىندىكى ئەڭ نامراتلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۈزۈمزارلىقلارنى پەرۋىش قىلىشقا ۋە تېرىقچىلىق قىلىشقا قالدۇردى.
[13] كالدىيلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى مىستىن ياسالغان ئىككى تۈۋرۈكنى، داس تەگلىكلىرىنى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى مىستىن ياسالغان «دېڭىز»نى چېقىپ، بارلىق مىسلىرىنى بابىلغا ئېلىپ كە

---

8:25 **«بەشىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى... بابىل پادىشاھى نېبوقەدنەسارنىڭ ئون توققۇزىنچى يىلى...»** ــ ملادىيەدىن ئىلگىرى 586-يىلى، 14-ئاۋغۇست ئىدى. «يەر.» 12:52نىمۇ كۆرۈڭ.
11:25 **«قالغان ھۈنەرۋەنلەر»** ــ ياكى «توپ-توپ ئادەملەر».

تتى. [14] ئۇلار يەنە ئىبادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئىدىشلار، گۈرجەك-بەلگۈرجەكلەر، لاخشىگىرلار، پىيالە-تەخسىلەر ھەم مىستىن ياسالغان بارلىق ئەسۋابلارنى ئېلىپ كەتتى؛ [15] خۇشبۇيدانلار ۋە قاچىلارنى بولسا، ئالتۇندىن ياسالغان بولسىمۇ، كۈمۈشتىن ياسالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پاسبان بېگى ئېلىپ كەتتى. [16] ۋە سۇلايمان پادىشاھ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈچۈن مىستىن ياساتقان ئىككى تۈۋرۈك ۋە «دېڭىز»نى، شۇنداقلا داس تەگلىكلىرىنى ئېلىپ كەتتى؛ بۇ مىس سايمانلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. [17] بىرىنچى تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى ئون سەككىز گەز، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى تاجى بولسا مىس بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ گەز ئىدى؛ ئۇنىڭ پۈتۈن ئايلانمىسى تور شەكلىدە ھەم ئانار نۇسخىسىدا بېزەلگەنىدى، ھەممىسى مىستىن ئىدى؛ ئىككىنچى تۈۋرۈكمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇمۇ ئانار نۇسخىسىدا بېزەلگەنىدى.

[18] پاسبان بېگى نېبۇزار-ئادان بولسا باش كاھىن سېرايا، ئورۇنباسار كاھىن زەفانىيا ۋە ئىبادەتخانىدىكى ئۈچ نەپەر ئىشىكباقارنىمۇ ئەسىرگە ئالدى. [19] ئۇ شەھەردىن لەشكەرلەرنى باشقۇرىدىغان بىر ئاغۋات ئەمەلدارنى، شەھەردىن تاپقان ئوردا مەسلىھەتچىلىرىدىن بەشىنى، يەرلىك خەلقنى لەشكەرلىككە تىزىملىغۇچى، يەنى

---

13:25 **«داس تەگلىكلىرى»** ــ بۇلار بولسا «دېڭىز»دىن كىچىك بولغان داسلارنى كۆتۈرىدىغان تەگلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان جابدۇق-بىساتلارنى كۆپرەك چۈشىنىش ئۈچۈن «1پاد.» 7:8-51ئايەتنى كۆرۈڭ.

**13:25** 2پاد. 17:20؛ يەر. 5:20؛ 19:27

15:25 **«خۇشبۇيدانلار ۋە قاچىلارنى بولسا، ... ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پاسبان بېگى ئېلىپ كەتتى»** ــ بۇ ئالتۇن-كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان بارلىق قاچا-قۇچىلار ۋە بارلىق ئەسۋابلار يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ ئىلگىرىكى بىر بېشارىتى بويىچە، 54 يىلدىن كېيىن پارس ئىمپېراتورى قورەشنىڭ پەرمانى بىلەن يېرۇسالېمغا قايتۇرۇلدى («يەر.» 27:21-22نى كۆرۈڭ).

17:25 **«گەز» ياكى «جەينەك»»** ــ جەينەكتىن قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقتۇر، تەخمىنەن 40-45 سانتىمېتر. **«ئېگىزلىكى ئۈچ گەز ئىدى»** ــ «يەر.» 22:52دە «بەش گەز» دېيىلىدۇ. سەۋەب، بەلكىم ئۇستىدىكى پەردازلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**17:25** 1پاد. 15:7؛ 2تار. 15:3؛ يەر. 21:52

قوشۇنىنىڭ سەردارىنىڭ كاتىپىنى ۋە شەھەردىن ئاتمىش نەپەر يەرلىك كىشىنى تۇتتى. [20]پاسىبان بېگى نېبۇزار-ئادان بۇلارنى بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا، رىبلاھغا ئېلىپ باردى. [21]بابىل پادىشاھى خامات زېمىنىدىكى رىبلاھدا بۇ كىشىلەرنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ يول بىلەن يەھۇدا ئۆز زېمىنىدىن سۈرگۈن قىلىندى.

## يەھۇدا بابىلغا سۈرگۈن قىلىندۇ

[22]يەھۇدا زېمىنىدا قالغان كىشىلەرنى، يەنى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار قالدۇرغان كىشىلەرنى بولسا، ئۇ ئۇلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانى تەيىنلىدى. [23]دالادا قالغان يەھۇدانىڭ لەشكەر باشلىقلىرى ھەم لەشكەرلىرى بابىل پادىشاھىنىڭ شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانى زېمىن ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بەلگىلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بۇ لەشكەر باشلىقلىرى ئادەملىرى بىلەن مىزپاھ شەھىرىگە، گەدالىيانىڭ يېنىغا كەلدى؛ باشلىقلار بولسا نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل، كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھانان، نەتوفاتلىق تانخۇمەتنىڭ ئوغلى سېرايا ۋە مائاكات جەمەتىدىن بىرسىنىڭ ئوغلى جائازانىيا ئىدى. [24]گەدالىيا ئۇلار ۋە ئادەملىرىگە: «كالدىيلەرگە بېقىنىشتىن قورقماڭلار؛ زېمىندا ئولتۇراقلىشىپ بابىل پادىشاھىغا بېقىنىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار سىلەرگە ياخشى بولىدۇ» دەپ قەسەم قىلدى. [25]ئەمدى يەتتىنچى ئايدا شۇنداق بولدىكى، شاھزادە ئەلىشامانىڭ نەۋرىسى، نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل ئون ئادەم ئېلىپ كېلىپ، گەدالىيانى ھەم مىزپاھدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان يەھۇدىيلار ۋە كالدىيلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. [26]شۇنىڭ بىلەن بارلىق خەلق، كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن، ۋە

---

19:25 «**بىر ئاغۋات ئەمەلدار**» ــ ياكى پەقەت «بىر ئەمەلدار».

22:25 يەر. 5:40، 9

23:25 يەر. 7:40

لەشكەر باشلىقلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ مىسىرغا كىردى؛ چۈنكى ئۇلار كالدىيلەردىن قورقاتتى.

## يەھۇئاكىننىڭ سۈرگۈن بولۇش جەريانى

يەر. 52:31-34

[27] ۋە شۇنداق بولدىكى، يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىن سۈرگۈن بولغان ئوتتۇز يەتتىنچى يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى مۇنۇ ئىش يۈز بەردى؛ ئەۋىل-مېروداق بابىلغا پادىشاھ بولغان بىرىنچى يىلى، يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىننىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى زىندانىدىن چىقاردى؛ [28] ئۇ ئۇنىڭغا مۇلايىم سۆز قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بابىلدا تۇرغان باشقا پادىشاھلارنىڭ ئورنىدىن يۇقىرى قىلدى؛ [29] شۇنىڭ بىلەن يەھوئاكىن زىنداندىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۆمرىنىڭ قالغان ھەربىر كۈنىدە ھەردائىم پادىشاھ بىلەن بىللە ھەمداستىخان بولۇشقا مۇيەسسەر بولدى. [30] ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولسا، بابىل پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭغا بېغىشلىغان دائىملىق ئىلتىپاتى ئىدى؛ بۇ ئىلتىپات كۈندىلىك ئىدى، يەنى ئۇنىڭغا ئۆمرىنىڭ ھەربىر كۈنى مۇيەسسەر قىلىنغان.

---

27:25 «ئون ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى» — «يەر.» 31:52دە «ئون ئىككى ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى» دېيىلىدۇ. ئازاد بولۇش جەريانىدا نەچچە كۈن ئۆتسە كېرەك.

# قوشۇمچە سۆز

مۇشۇ يەردە بىز پەقەت بۇ خاتىرىلەردىكى كۆپ قىزىق ۋەقەلەر ۋە شەخسىي تارىخلاردىن بىرنەچچىنى تاللاپ قىسقىچە توختىلىمىز.

## سۇلايماننىڭ غەلىبىلىرى ۋە مەغلۇبىيەتلىرى

داۋۇت خۇدا ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا قۇرماقچى بولغاندا خۇدا ئۇنىڭغا: «سەن مەن ئۈچۈن بىر ئۆي ياسىماقچىمۇسەن؟ ― ...ياق، مەن سەن ئۈچۈن ئۆي قۇرۇپ بېرىمەن... لېكىن سېنىڭ ئوغلۇڭ بولسا... مەن ئۈچۈن ئۆي قۇرىدۇ» ــ دېگەنىدى. خۇدانىڭ دېگەنلىرى تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەنگەن: ―

«مەن ھازىر ساڭا ھەممە دۈشمەنلىرىڭدىن ئارام بېرىمەن؛ ئەمدى مەنكى پەرۋەردىگار ساڭا شۇنى دەيمەنكى، پەرۋەردىگار ساڭا بىر ئۆي قۇرۇپ بېرىدۇ» ــ دەيدۇ.

كۈنلىرىڭ توشۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلەن ئۆلۈمدە ئۇخلىغىنىڭدا مەن ئۆز پۇشتىڭدىن بولغان نەسلىڭنى سېنىڭ ئورنۇڭدا تۇرغۇزۇپ، پادىشاھلىقىنى مەزمۇت قىلىمەن. مېنىڭ نامىم ئۈچۈن بىر ئۆينى ياسىغۇچى ئۇ بولىدۇ، ۋە مەن ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى ئەبەدگىچە مۇستەھكەم قىلىمەن. مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھ قىلسا ئىنسانلارنىڭ تايىقى بىلەن ۋە ئادەم باللىرىنىڭ ساۋاق-دۇمبالاشلىرى بىلەن تەربىيە بېرىمەن. ئەمما مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆرۈۋەتكەن سائۇلدىن مېھىر-شەپقىتىمنى جۇدا قىلغىنىمدەك، ئۇنىڭدىن مېھىر-شەپقىتىمنى جۇدا قىلمايمەن. شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئۆيۈڭ ۋە سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ ئالدىڭدا ھەمىشە مەزمۇت قىلىنىدۇ؛ تەختىڭ ئەبەدگىچە مەزمۇت تۇرغۇزۇلىدۇ» («2سام.» 7:11-16).

مۇشۇ يەردە خۇدا داۋۇتقا ئاساسەن «سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ تەختى مەڭگۈ مۇستەھكەم تۇرىدۇ... ۋە ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمنى قۇرىدۇ» دېگەندىن كېيىن، داۋۇتنىڭ ئوغلىنىڭ گۇناھ

قىلىش مۇمكىنچىلىكى، شۇنداقلا تەربىيە جازاسى بېرىلىش كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما تەخت «ئەبەدگىچە» بولىدۇ. بۇ ۋەدە زەبۇر 72-كۈيدە قايتىلىنىدۇ. ئىسرائىلدىكى «راببىلار» (ئۇستازلار)نىڭ ھەممىسى دەۋردىن-دەۋرگىچە بۇ سۆزلەرنى، داۋۇتنىڭ سۇلايماندىن تېخىمۇ ئۇلۇغ بولىدىغان بىر ئەۋلادى، يەنى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ دۇنياغا كېلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈپ كەلگەن. ئۇلار: «مەڭگۈ تۇرىدىغان تەخت» ئۇنىڭكىدۇر، ۋە ئۇ سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ مەڭگۈ بىر ئىبادەتخانىنى قۇرغۇچى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ شەرھىنى توغرا، شۇنداقلا ناسارەتلىك ئەيسادا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، دەپ قارايمىز.

شۇڭا بىز سۇلايماننىڭ غەلىبىلىرى ۋە ئاۋاتلىقىنى كەلگۈسىدە مەسىھنىڭ چەكسىز ئۇلۇغ غەلىبىلىرى ۋە ئاۋاتلىقىنى ئالدىنئالا كۆرسەتكەن بىر خىل بېشارەت، دەپ ئىشىنىمىز. سۇلايمان قۇرغان «خۇدانىڭ ئۆيى»مۇ دەرۋەقە مەسىھ كەلگۈسىدە قۇرىدىغان «خۇدانىڭ تىرىك ئۆيى» بولغان جامائەتنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ («مات.» 18:16، «روس.» 7:44-50، «ئەف.» 2:19-22، «1پېت.» 2:4-10نى، شۇنداقلا «ھاگاي»دىكى «قوشۇمچە سۆز»دىكى «خۇدانىڭ ئۆيى» توغرۇلۇق ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ).

سۇلايماننىڭ غەلىبىلىرى ۋە ئاۋاتلىقى ئاخىر بېرىپ چۈشكۈنلىشىشى بىلەن تۈگەيدۇ. شۇڭا خىلى روشەنكى، ناتان پەيغەمبەر داۋۇتقا يەتكۈزگەن بېشارەتنى (يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن «2سام.» 7:11-16) ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى پەقەت مەسىھدۇر. ھېچكىم ئۇمىدلىرىنى مەسىھدىن باشقا بىرسىگە باغلىمىسۇن!

سۇلايماننىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكى ئۈستىدە يەنە «ھېكمەت توپلىغۇچى»تىكى «قوشۇمچە سۆز»دە ۋە «كۈيلەرنىڭ كۈيى»نىڭ شەرھىدە توختالدۇق.

## مۇقەددەس ئىبادەتخانا ۋە سۇلايماننىڭ ئوردىسى توغرۇلۇق نېمىشقا شۇنچە كۆپ تەپسىلاتلار بىزگە تەمىنلىنىدۇ؟

ئەگەر دېگىنىمىزدەك مەزكۇر كىتاب «نىجاتنىڭ تارىخى»نىڭ بىر قىسمى بولسا، ئاۋۋال مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى شۇنچە كۆپ تەپسىلاتلار، ئاندىن سۇلايماننىڭ ئۆز ئوردىسىدىكى تەپسىلاتلارنىڭ نىجات بىلەن زادى نېمە ئالاقىسى باردۇ؟

5-7-بابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئىككى ئۆينىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇرمەن نۇرغۇن ئەمگەكلەرنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئاۋۋال ئىبادەتخانا ھەم سۇلايماننىڭ ئوردىسىنىڭ ھەيۋەتلىك پەردازلىرى ۋە قىممەتلىك بۇيۇملىرى مىسىرنىڭ پادىشاھى شىشاك پىرەۋن تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىدۇ («1پاد.» 26:14). گەرچە يەھۇدانىڭ كېيىنكى پادىشاھلىرى بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، مۇشۇ بېزەكلەر ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇرىيە پادىشاھىغا پارا بېرىش ئۈچۈن قايتىدىن قىرىپ ئېلىۋېتىلىدۇ («2پاد.» 18:12)، ئاندىن يەنە ئىسرائىل پادىشاھى يوئاش تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىدۇ («2پاد.» 14:14). كېيىن يەنە ئىككى قېتىم ئاشۇرىيە پادىشاھىغا پارا بېرىش ئۈچۈن قىرىلىدۇ (8:16، 16:18). ئاخىر بېرىپ بابىل پادىشاھى كېلىپ ئۇلارنى قايتىدىن يالىڭاچلايدۇ («2پاد.» 13:24)؛ ئاندىن خۇدا بابىل پادىشاھىنى يەھۇدانىڭ ھەم ئۆزىگە ھەم ئىنسانىغا بولغان ۋاپاسىزلىقىنى جازالاش قورالى قىلىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يېرۇسالېمنىڭ كۆپ قىسمىنى، جۈملىدىن ئىبادەتخانىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ («2پاد.» 25:8-18).

بۇ توغرۇلۇق «تولۇق چۈشەنچىگە ئىگىمىز» دېيەلمەيمىز، ئەمما پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. بىزنىڭچە، بۇ تەپسىلاتلار ئىسرائىل ۋە يەھۇدىيەگە چۈشۈرۈلگەن كۈلپەت-پاجىئەنى تەكىتلەش، شۇنداقلا تېخىمۇ روشەن قىلىش ئۈچۈن كۆرسىتىلىدۇ. خۇدانىڭ نەزىرىدە بىنالار ياكى چىرايلىق بۇيۇملارنىڭ قانچە قىممەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلار ھامان ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن كۆپ قىممەتلىكتۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا بۇ ئىككى بىنانىڭ چىرايلىق بېزەك-بۇيۇملىرىنىڭ يوقىتىلىشى بىرخىل تەمسىلدۇر، دەپ قارايمىز. قانچىلىك ئەقىل-پاراسەت، قانچىلىك سەدىقە-تۆھپىلەر، قانچىلىك ۋاقىت ۋە ئەجىر-ئەمگەك خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە سۇلايماننىڭ ئوردىسىغا سىڭدۈرۈلگەن-ھە! يەتتە يىل قوشۇلغان ئون ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ ياسالغان بۇ ئىمارەتلەر نەتىجىدە قانداق بولدى؟! شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدا ئىسرائىل خەلقىنى تەربىيە كۆرگەن، ماڭا گۇۋاھلىق بېرىدىغان، دانالىقنى كۆرسىتىدىغان بىر خەلق بولسۇن دەپ، ئۇلارغا قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەندۇ؟ ــ لېكىن ئاخىر بېرىپ ھەممىسى

ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقى بىلەن ئۇچۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. ھەم يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدانىڭ قانچىلىك مۇھەببىتى، قانچىلىك دانالىقى ۋە غەمخورلۇقى ھەربىر ئىنسان بالىسىنى يارىتىش ئۈچۈن سىڭدۈرۈلگەندۇ؟ («زەبۇر» 1:139-18نى كۆرۈڭ). مۇشۇنداق بىباھا دەسمايىنى ئەتىۋارلايمىزمۇ؟ ياكى بىزنىڭ ياراتقۇچىمىزغا قۇلاق سالماسلىقىمىز تۈپەيلىدىن بۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ پاجىئەلىك ھالدا پۈتۈنلەي ئىسراپ بولۇپ يوقلا چىقامدۇ؟

## خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى ـ «خۇدانىڭ جازا-تەربىيىسىنىڭ بەش باسقۇچى»

خۇدا ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىدىكى «جازا-تەربىيىنىڭ بەش باسقۇچى»نىڭ تەپسىلاتلىرى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگەن، «لاۋ.» 14:26-26 ۋە «قان.» 28-بابتا تېپىلىدۇ).

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇدا ئىسرائىلغا، ئۆزۈمگە ئىتائەتمەن بولساڭلار، سىلەرگە مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكۈچى ۋە قوغدىغۇچى بولىمەن، دەپ كۆپ يەرلەردە ئېنىق ۋەدە قىلغان. بىراق ئۇلار ئەكسىچە ئىتائەتمەن بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ جازا-تەربىيىسى تەدرىجىي بېشىغا چۈشىدۇ. بۇ جازا-تەربىيىنىڭ بەش باسقۇچىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئىتائەتسىزلىكى ئېغىرلاشقانسېرى جازا-تەربىيىمۇ ئېغىرلىشىپ بارىدۇ: ـ

(1) ۋابا-قىزىتمىنىڭ چۈشۈشى، دۈشمەنلەرنىڭ «ئىشىك ئالدىدا» تۇرۇشى، دۈشمەنلەر ئالدىدا ئاسانلا مەغلۇپ بولۇشى («لاۋ.» 14:26-17).

(2) يامغۇر ئاز، ھوسۇلنىڭ ناچار بولۇشى («لاۋ.» 18:26-20).

(3) ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا ۋە ماللارغا ھۇجۇم قىلىشى (بۇنىڭ كۆچمە مەنىسى بەلكىم دۆلەت ئىچىدىكى مۇقىمسىزلىق، تەرتىپسىزلىك ۋە قانۇنسىزلىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ) («لاۋ.» 21:26-24).

(4) شەھەرلەرنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى، قەھەتچىلىك، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەر ۋە ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئالدىدا بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە شۇلارنىڭ قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاستىدا ياشىشى («لاۋ.» 25:26-27).

(5) دۈشمەنلەرنىڭ ئۈچ ئېلىشى، قايتىدىن شەھەرلەرنى قورشىۋېلىشى، شەھەرلەر ۋە يەر-زېمىنىنىڭ ۋەيران بولۇشى، سۈرگۈن بولۇشى، سۈرگۈن بولغىنىدا ۋەھىمە ئاستىدا ياشىشى («لاۋ.» 26:27-39).

«پادىشاھلار»دىكى خاتىرىلەردىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزى ئىسرائىلغا ۋە يەھۇداغا بۇ تەدرىجىي جازالار ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن ئاگاھ-بېشارەتلەرنى بايقىيالايدۇ. ئوقۇرمەن يەنە بەلكىم بۇ ئاگاھ-بېشارەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن ھەردائىم تەكىتلەنگەنلىكىنى كۆرۈشى مۇمكىن. لېكىن ئاخىر بېرىپ ھەممىسى بىكار بولىدۇ. «پادىشاھلار» دېگەن تارىخ مۇشۇ «جازا-تەربىيىنىڭ بەشىنچى باسقۇچى»، يەنى پۈتكۈل خەلقنىڭ سۈرگۈن بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## خۇدانىڭ پادىشاھلىقتا بولغان مۇددىئا-مەقسەتلىرى؛ پادىشاھلىقنىڭ كەمچىلىكلىرى

مۇشۇ يەردە بىز يەنە «سامۇئىل»دىكى «قوشۇمچە سۆز»دىن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئالىمىز: —

«ياقۇپ پەيغەمبەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇللىرىغا خۇدا ئىسرائىلغا يەھۇدا قەبىلىسى ئىچىدىن پادىشاھ بېكىتىپ تىكلەيدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مەسىھ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەپ بېشارەت بېرىدۇ: —

«شاھانە ھاسا يەھۇدادىن كېتىپ قالمايدۇ،
يەھۇدانىڭ پۇشتىدىن قانۇن چىقارغۇچى ئۆكسۈمەيدۇ،
تاكى شۇ ھوقۇق ئىگىسى كەلگۈچە كۈتىدۇ؛
كەلگەندە، جاھان خەلقلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ»
(«يار.» 49:10).

تەۋراتتىكى «قانۇن شەرھى» دېگەن كىتابتا مۇسا پەيغەمبەرمۇ شۇنىڭغا بېشارەت قىلىدۇكى، ئىسرائىلنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم بىر پادىشاھى بولىدۇ (17-باب، 14-20-ئايەت) ۋە پادىشاھ يەھۇدادىن چىقىدۇ (7:33). ئەمدى ئىسرائىل پادىشاھ تەلەپ قىلغاندا خۇدا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن تۇرسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ پادىشاھلىق توغرىسىدىكى ئەسلىي ۋەدىلىرىنىڭ نېمە مەقستى بار ئىدى؟».

خۇدا «باتۇر ھاكىملار»نىڭ دەۋرىدە پەيغەمبەر-ھاكىملار ئارقىلىق ئىسرائىلغا «ئارقىدا تۇرۇپ ۋاستىلىك يېتەكچىلىك» قىلغانىدى. شۇنداق يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى بويىچە پەقەت ئۇلار ئۆزىگە ئىتائەتمەن بولسىلا، ئۇ ئۇلارغا يېتەكچى، قوغدىغۇچى ۋە دائىم بەرىكەتلىگۈچى بولۇشقا كاپالەت بەرگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ شۇنداق يېتەكچىلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئوبدان بىلگەچكە، ئەسلىدىلا ئۇلارغا بىر پادىشاھ تەيىنلەشنى ئىرادە قىلغانىدى، دەپ ئىشىنىمىز. بىراق ئىسرائىل ھەتتا ئۇنىڭ شۇ پىلانىدا بېكىتىلگەن ۋاقىتنى كۈتمەيلا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەنمىگەن ھالدا ئالدىراپ «پادىشاھ بەرگەيسەن!» دەپ تەلەپ قىلدى. «1سام.» 8:4-8دە مۇنداق خاتىرە بار: —

«ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى راماھدا جەم بولۇپ سامۇئىلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: — مانا سەن قېرىدىڭ، ئوغۇللىرىڭ بولسا سېنىڭ يوللىرىڭدا يۈرمەيدۇ. باشقا ئەللەردە بولغاندەك ئۈستىمىزگە ھۆكۈم سۈرىدىغان بىر پادىشاھ بېكىتكىن، دېدى.

ئۇلارنىڭ «ئۈستىمىزگە ھۆكۈم سۈرىدىغان بىر پادىشاھ بېكىتكىن» دېگىنى سامۇئىلنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كەلدى. سامۇئىل پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىۋىدى، پەرۋەردىگار سامۇئىلغا: — خەلق ساڭا ھەرنېمە ئېيتسا ئۇلارغا قۇلاق سالغىن؛ چۈنكى ئۇلار سېنى ئەمەس، بەلكى ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولمىسۇن دەپ مېنى تاشلىدى. مەن ئۇلارنى مىسىردىن چىقارغان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇلار شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، مېنى تاشلاپ باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىپ كەلگەن. ئەمدى ئۇلار ساڭا ھەم شۇنداق قىلىدۇ».

بىر قېتىم ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ خەلقى ئارىسىدا تالاق بەرمەسلىك كېرەك، دەپ تەلىم بەرگەندە، پەرىسىيلەر ئۇنىڭغا مۇنداق بىر سوئالنى قويىدۇ: —

«ئۇنداقتا، مۇسا پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىدا ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا تالاق خېتىنى بەرسىلا ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ، دەپ بۇيرۇغان؟»

ئۇ ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى: —

«تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن مۇسا پەيغەمبەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان؛ لېكىن ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا بۇنداق ئەمەس

ئىدى» («مات.» 7:19-8).

بىز مۇشۇ يەردە ئوخشاش يولدا «نېمىشقا خۇدا ئەسلى شۇنداق قىلىشنى خالىمىسا، سامۇئىل ئارقىلىق ئىسرائىلغا پادىشاھ تەيىنلىدى؟» دەپ سورىغان بولساق، ئۇ بەلكىم ئوخشاشلا «تاش يۈرەكلىكىڭلار تۈپەيلىدىن سامۇئىل پەيغەمبەر سىلەرگە بىر پادىشاھ تەيىنلىدى» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن بولاتتى.

بىز ھېچقاچان «مانا، بۇ ئىشلارنى تولۇق چۈشىنىمىز» دېيەلمەيمىز. لېكىن بىزدە شۇنىڭغا قىلچە گۇمان يوقكى، خۇدانىڭ تۈپ مەقسەت-پىلانى ئاخىرىدا ئۇلارغا بىردىنبىر ھەقىقىي پادىشاھنى، يەنى ئۆز سۆز-كالامى بولغان ئەيسا مەسىھنى پادىشاھ سۈپىتىدە تەيىنلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋە گاھى ۋاقىتلاردا خۇدا بەزى پادىشاھلاردا كەلگۈسىدىكى ھەقىقىي مەڭگۈ پادىشاھنى كۆرسىتىدىغان «بېشارەتلىك تارىخ» ياكى «بېشارەتلىك قىياپەتلەر»نى بىزگە قالدۇرغان. مەسىلەن داۋۇت:—

(1) بەيت-لەھەمدە تۇغۇلدى.

(2) كەمبەغەل، ئورنى تۆۋەن ئائىلىدە چوڭ بولدى.

(3) ئۇ پادىچى ئىدى.

(4) ئۇ پەيغەمبەر ئىدى.

(5) گەرچە ئۇ «پادىشاھ» دەپ مەسىھ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆز خەلقى، جۈملىدىن ھۆكۈمدار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. لېكىن چەتكە قېقىلغان ۋاقىتلاردا خۇدا ئۇنىڭغا كۆپ «مۆخلىسلار»نى بەرگەن. شۇ چاغدىمۇ ئۇ «يات ئەللەر» تەرىپىدىن ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

(6) ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق ئاندىن ئۆز خەلقىنىڭ مەغلۇبىيەتلىرى بىلەن ئۇ «پادىشاھ»، «ئىسرائىلنىڭ پادا باققۇچىسى» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، شان-شەرەپكە ئېرىشكەن.

سۇلايمان دانالىقىدا ۋە راۋاج تاپقىنىدا ۋە ھەزەكىيا پادىشاھ ئىمان-ئېتىقادى ئارقىلىق ئىسرائىلنىڭ دۈشمىنى ئاسۇرىيەنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازانغىنىدىمۇ بىزگە مەسىھنى كۆرسىتىدىغان «بېشارەتلىك ئوبراز»لارنى قالدۇرغان. ئوقۇرمەن خاتىرىلەرنى ئوقۇغاندا ئۆزى باشقا شۇنداق ئوبرازلارنى كۆرەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

## يولىدىن يانغان پەيغەمبەر («1پاد.» 13-باب)

خۇدانىڭ مۇنداق نامسىز خىزمەتكارىغا تاپشۇرغان سىرلىق ئەمرىگە بەلكىم ھەيران قىلىشىمىز مۇمكىن: ــ «چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز سۆزىنى يەتكۈزۈپ ماڭا بۇيرۇپ: سەن يا نان يېمە يا سۇ ئىچمە، بارغان يولۇڭ بىلەن قايتىپ كەلمە، ــ دېگەن، دېدى».

ئەمرنىڭ بىرىنچى قىسمىنى روسۇل پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق چۈشىنىشىمىز بەلكى توغرىدۇر: ــ «ئېتىقادسىزلار بىلەن بىر بويۇنتۇرۇقتا چېتىلىپ تەكسىزلىكتە بولماڭلار؛ چۈنكى ھەققانىيلىق ۋە قەبىھلىك ئوتتۇرىسىدا قانداقمۇ ئورتاقلىق بولسۇن؟ يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن قانداق ھەمراھلىقى بولسۇن؟» («2كور.» 14:6). بەيت-ئەلدە نېمە يورۇقلۇق بولاتتى؟ ــ چۈنكى خۇدا نېمىشقا ئۇلارنىڭ بۇتپەرەسلىكىنىڭ ئۈستىگە ئۆز ھەكۈمىنى جاكارلاشقا باشقا بىر يۇرتتىكى ئادەمنى ئەۋەتىشى كېرەك؟

ئەمرنىڭ ئىككىنچى قىسمى سىرلىقراقتۇر ــ «بارغان يولۇڭ بىلەن قايتىپ كەلمە» دېگەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ مۇشۇ سوئالغا تولۇق جاۋاب بېرەمىز دېيەلمەيمىز؛ پەقەت شۇنى بايقايمىزكى، ئىسرائىلنىڭ «چۆل-باياۋاندا كېزىش» ۋاقىتلىرىدا خۇدا ئۇلارنى يېتەكلىگىنىدە بىر قېتىممۇ كەينىگە ماڭدۇرغىنى يوق. ۋە بىز بولساق «مۇقەددەس روھتا مېڭىش»ىمىزدا (مەسىلەن «گال.» 16:5) روھىي جەھەتتىن ھېچقاچان «كەلگەن يول بىلەن يېنىپ ماڭغىنىمىز» يوق. چۈنكى خۇدانىڭ يوللىرىدا ھەربىر ئىش ھەردائىم يېپيېڭىدۇر («2كور.» 17:5نى كۆرۈڭ). ھېچ بولمىغاندا، خۇدا بىزگە نېمە كۆرسەتمە تاپشۇرسا چۈشەنسەكمۇ، چۈشەنمىسەكمۇ ئادا قىلىشىمىز لازىم.

بەيت-ئەلدىكى «قېرى پەيغەمبەر» ھىيلىقى نامسىز پەيغەمبەرنى چاقىرىپ: «مەن ھەم سەندەك بىر پەيغەمبەردۇرمەن؛ ۋە بىر پەرىشتە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ماڭا يەتكۈزۈپ: ــ ئۇنىڭغا نان يېگۈزۈپ، سۇ ئىچكۈزگىلى ئۆزۈڭ بىلەن ئۆيۈڭگە ياندۇرۇپ كەل، دېدى» دەپ ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلغىنى خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ گۇمانىنى دەرھال قوزغىشى كېرەك ئىدى. بەيت-ئەلدە تۇرغان بۇ «قېرى پەيغەمبەر»نىڭ روھىي ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ نېمىشقا ئۇ

بەيت-ئەلدە شۇنچە ئۇزۇن تۇرۇپمۇ شۇ يەردىكى بۇتپەرەسلىك توغرۇلۇق ھېچقانداق ئەيىبلىك بېشارەت يەتكۈزمىگەندۇ؟! ئۇنداق ئادەمگە ئىشىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ خۇدانىڭ ئەمرلىرى بىر-بىرىگە زىت بولامدۇ؟

ئەمدى ئۇ نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەتتى؟ يالغۇزلۇقتىنمۇ؟ بىرسى ئۇنى ھەقىقىي پەيغەمبەر دەپ بىلىپ ھۆرمىتىنى قىلغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى پەقەت ئاچلىق ياكى ئۇسسۇزلۇقتىنمۇ؟ (ئۇ شۇ كۈنى بەلكىم ئاز دېگەندە 25 كىلومېتىر يول ماڭغانىدى).

ئۇ شۇ «قېرى پەيغەمبەر» بىلەن قايتقاندا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئەمرنىڭ ئىككى قىسمىغا خىلاپلىق قىلدى. ئۇ ھەم «يەپ-ئىچتى» ھەم «كەلگەن يول بىلەن قايتتى».

بۇ «قېرى پەيغەمبەر»گە نېمە تۈرتكە بولغانلىقى ئۈستىدە توختىلىشنىڭ ئانچە ھاجىتى يوق. بۇ تۈرتكىلەرنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ھەسەتخورلۇق ۋە قايغۇ-ھەسرەتنى (نېمىشقا خۇدا بۇ بېشارەتنى يەتكۈزۈشكە مېنى ئىشلەتمىگەن، دېگەندەك) ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا كېرەك. ۋە ئاخىر بېرىپ خۇدا دەرۋەقە ئۇنى ئىشلىتىدۇ ــ ئۇنىڭ بېشارىتى ئۆزىنى ۋە مېھمانىنى ئۇياتتا قالدۇرىدۇ.

بۇ ئىشلاردا بىزگە نىسبەتەن ئاددىي لېكىن ئېغىر ساۋاقلار باردۇر: ــ

(1) خۇدانىڭ يوللىرىدا ياكى ئەمرلىرىدە ھېچقانداق زىتلىق بولمايدۇ ۋە ھېچقاچان بولمايدۇ. ئۇ ھەردائىم ھەر ئەھۋالدا ئوخشاش؛ ئۇنىڭ يوللىرى ھەردائىم بىرخىلدۇر. ئۇنىڭ ئالللقاچان روشەن ئايان قىلغان ۋەھىيلىرىگە ماسلاشمايدىغان ھەرقانداق «بېشارەت»، تەلىم ياكى مۆزاكىرىنى دەرھال چەتكە قېقىش كېرەك. ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋەھىيى بولسا مۇقەددەس يازمىلار، ئەلۋەتتە.

(2) خۇدا بىزگە مەلۇم بېشارەت ياكى شەخسىي ۋەزىپىنى ئايان قىلغان بولسا (مۇشۇ نامسىز بەندىگە ئايان قىلغاندەك)، بىرىنچىدىن بۇ بېشارەت ئۇنىڭدىن كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشىمىز زۆرۈر (مۇقەددەس يازمىلارنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ)؛ ئىككىنچى، جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى ئادا قىلغۇچە ھەرقانداق ئادەم ياكى ھەرقانداق ئىش سەۋەبىدىن ئۇنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز، ئۇنىڭدىن ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ قىيىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك.

بۇ ۋەقە توغرۇلۇق بەلكىم يەنە ئاخىرقى بىر سوئال بولۇشى مۇمكىن. پەقەت بىر ۋاخلىق تاماق ئۈچۈنلا، خۇدانىڭ جازاسى نېمىشقا شۇنچە ئېغىر بولىدۇ؟ شۈبھىسىزكى،

جاۋاب خۇدا بىزگە ئىغىر مەسئۇلىيەتنى، مەسىلەن، شۇ يەردىكىدەك ئۆز سۆز-كالامىنى مەلۇم بىر پادىشاھقا ۋە شۇنداقلا پۈتكۈل بىر ئەلگە يەتكۈزۈشنى تاپشۇرغان بولسا، لېكىن خەۋەرچىنىڭ ئۆنىڭ ئەمرىنى ئاڭلىمىغان بىرەر يېرى بولسا، ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆنى روشەن جازالىمىسا بولمايدۇ. شۇنداق قىلمىسا، ئۇ يەتكۈزگەن خەۋەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە سۇسلاشقان بولىدۇ.

## ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ ھورەب تېغىغا بولغان سەپىرى («1پاد.» 19-باب)

ئىلياس پەيغەمبەر نېمىشقا ھورەب تېغىغا («خۇدانىڭ تېغى»)غا ئۇزۇن سەپەر قىلدى؟ شۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرەلەيمىز؟

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ ھورەب تېغىغا قىلغان سەپىرىدىن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتەيلى. ئىلياس پەيغەمبەر ئىسرائىلنى توۋىغا ئويغىتىۋېتىلسۇن دەپ، ئىمان-ئىشەنچلىك دۇئا قىلىشى بىلەن خۇدا ئۈچ يېرىم يىل ئاسماننى يامغۇر بېرىشتىن توختىتىپ قويغانىدى. ئاندىن خۇدانىڭ ئوتى ئاسماندىن چۈشكەندە، خەلق كۆرۈنۈشتە توۋا قىلىپ بائال (ئۇلار ئەسلى چوقۇنغان بۇت)نىڭ «پەيغەمبەر»لىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ (18-باب). ئەمما خانىش يىزەبەل يەنە ئىلياسقا، سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن، دەپ خەۋەر ئەۋەتىپ تەھدىت سالىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىلياس ئاھاب پادىشاھ توۋا قىلغاندۇ، دەپ ئويلىغان ياكى ھېچ بولمىغاندا، خەلق يىزەبەلنىڭ مۇشۇنداق تەھدىتكە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا يول قويماس، دەپ ئۈمىد قىلاتتى. خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى شۇنچە روشەن ئايان قىلىنغان تۇرۇقلۇق، خەلق قانداقمۇ يەنىلا شۇنچە پاسسىپ، يەنىلا شۇنچە نومۇسسىز قورقۇنچاق بولىدۇ؟ ئۇنى دەھشەتلىك بىرخىل يالغۇزلۇق بېسىۋالدى. ئۇ زادى نېمە دەپ بۇ خەلق ئۈچۈن جاپا تارتىپ، نەچچە يىل دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ كەلگەن؟ ئۇ خەلقنى توۋاغا كەلتۈرۈشكە داۋاملىق ئىنتىلسە نېمە پايدا؟!

ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى سۇندۇرۇلدى. گەرچە ئۇ ئەسلىدە نەچچە يىل يىزەبەل خانىش ئالغا سۈرۈۋاتقان بۇتپەرەسلىككە قورقماي ئىمان-ئىشەنچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتەن بولسىمۇ، ئۇ ھازىر زور ئاچچىق روھىي ئازابتا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى

قاچۇردى. ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ مەنزىلى ھورەب، يەنى سىناي تېغى ئىدى (8-7:19). شۇ يەردە خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە ئايان بولۇپ ئۇنىڭغا تەۋرات قانۇنىنى تاپشۇرۇپ ئىسرائىل بىلەن ئەھدىسىنى تۈزگەنىدى. ئىلياسنىڭ مەقسەتلىرى توغرۇلۇق پەقەت پەرەز قىلالايمىز؛ لېكىن خۇدانىڭ ئۇنىڭ بۇ ئۇزۇن سەپىرىگە يول قويغانلىقىنى، شۇنداقلا سەپەر ئۈچۈن مۆجىزە بىلەن ئۇنى قۇۋۋەتلەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز (8:19). ئەمدى پىكرىمىز شۇكى، ئىلياسنىڭ تۈپ مەقسەتلىرى ئىسرائىلنىڭ خۇدانىڭ خەلقى بولۇشقا «تۇغۇلغان» جايغا، يەنى خۇدا مۇسا ئارقىلىق ئەسلىدە ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزۈپ ئۇلارنى «مېنىڭ خەلقىم» دەپ بېكىتكەن جايغا قايتماقچى ئىدى. ئۇ تولىمۇ تەڭلىكتە، خۇدادىن ئۆز خەلقىنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكى توغرۇلۇق «خەلقىڭنىڭ بۇ نەچچە يۈز يىللىق تارىخىنىڭ زادى نېمە مېۋىسى بار؟» دەپ سورىماقچى بولدۇ. «بۇ خەلقنىڭ قەبىھلىكىگە قارا! مۇددىئا-مەقسەتلىرىڭ مەغلۇپ بولمىدىمۇ؟ ھەممىمىز ئۈمىد قىلىپ كەلگەن شەرەپلىك مەنزىل قېنى؟ سەن: — «ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پۈتكۈل يەر يۈزى مېنىڭ شان-شەرىپىم بىلەن قاپلىنىدۇ!» دەپ ۋەدە قىلغانىدىڭغۇ! («چۆل.» 21:14). قېنى، بۇ شان-شەرەپ قەيەردە؟!...».

ئىلياسنىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتىدىكى تۈرتكىلىرىنى ئۇنىڭ خۇدانىڭ سوئالىغا بولغان جاۋابىدا كۆرىمىز (14-ئايەت): «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا پەرۋەردىگار ئۈچۈن زور ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن ھەسەت قىلدىم. چۈنكى ئىسرائىللار سېنىڭ ئەھدەڭنى تاشلاپ قۇربانگاھلىرىڭنى يىقىتىپ، سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى. مەن، يالغۇز مەنلا قالدىم ۋە ئۇلار مېنىڭ جېنىمنى ئالغىلى قەستلەۋاتىدۇ». بىر ئىنسانىنىڭ خۇدا ئۈچۈن قىزغىن بولۇشى ئۇلۇغ ئىشتۇر. بۇنىڭدا ئوتلۇق مۇھەببەت ھەم بىرخىل ھەسەت بار — دېمەك، ئىنسانلارنىڭ خۇدادىن باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشىغا چىدىماي، شەن-شەرەپىنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق شەخسكە بېرىشكە بولغان كۆرەلمەسلىكتۇر. خۇدا ئۆزىنىڭ جامائىتىگە شۇنداق بىر روھتا بولغان ئادەملەرنى بەرگەي! شۇنداق تۈرتكىلەر ئادەمنى كۆيدۈرىدۇ: — «سېنىڭ ئۆيۈڭگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم ئۆزۈمنى چۇلغىۋالدى» («يۇھ.» 17:2). لېكىن خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن كۆيگەن كىشى باشقىلارغا نىسبەتەن كۆپرەك سىناقلارغا ئۇچرىشى مۇمكىن ـ ئۇنىڭ قىزغىنلىقى پەقەت ئۆز

ئشىنى بىلگەن كىشى بىلەن سىلىشتۇرغاندا ئۆزىگە كۆپرەك سوئاللارنى قويۇشقا ھەيدەيدۇ. پەقەت ئۇ خۇدانىڭ دانالىقى ھەم ئىشەنچلىكلىكىگە مۇتلەق ئىشەنمىسە، بەلكىم ئۆزىنى شۈبھە ۋە تەشۋىشكە چۆكتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئىلىياس پەيغەمبەر ۋە چۈمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ نۇرغۇن ئوخشايدىغان يەرلىرىنىڭ بولۇشى ئەجەب ئىشتۇر. ئىككىسىنىڭ ئاخىردا شۈبھىگە چۆمۈپ كېتىشى بۇ ئوخشاش يەرلىرىدىن بىرىدۇر («مات.» 10:17-13، «لۇقا» 17:1، «مال.» 5:4، 6نى كۆرۈڭ).

ئەمەلىيەتتە ئىلىياس ئۆزۈندىن بۇيان ھېرىپ-چارچىغىنىدىن پەرۋەردىگارغا (14-ئايەتتە) سەممىي جاۋاب بەرمەيدۇ «مەن، يالغۇز مەنلا قالدىم ۋە ئۇلار مېنىڭ جېنىمنى ئالغىلى قەستلەۋاتىدۇ». ئەمەلىيەتتە ئىلىياسنىڭ ئاز دېگەندىمۇ خۇداغا سادىق بولغان يەنە يۈز بىر كىشى توغرۇلۇق خەۋىرى بار ئىدى («1پاد.» 4:17نى كۆرۈڭ – شۇ يەردە ئوبادىيا پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن يۈزنى ئېلىپ پادىشاھدىن يوشۇرۇپ قويغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ (بۇ يۈز پەيغەمبەر ئۆزىگە ئوخشاش جاسارەتلىك بىلەن خۇدانىڭ خەۋىرىنى جاكارلىغان بولمىسىمۇ، ئۇلار باتال دېگەن بۇتقا چوقۇنۇپ تىزلانمىغانلار ئىدى). خۇدا بىرئازدىن كېيىن ئىلىياسنىڭ خاتا كۆزقارىشىنى تېخىمۇ تۈزۈتۈپ قويىدۇ.

بىز بىرىنچىدىن بايقايمىزكى، ئىلىياس ھورەبكە يەتكەندە «غارغا كىردى». «غار» ئىبرانىي تىلىدا «ئاشۇ غار» دېيىلىدۇ. دېمەك، ئۇ غار تونۇش بىر جاي ئىدى. يەھۇدىي ئۆلىمالار («رابېي»لار) بۇ غارنى خۇدا مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شان-شەرىپىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا ئايان قىلىش ئۈچۈن مۇسانى يوشۇرۇپ قويغان جاي ئىدى، دەپ قارايتتى («مىسىردىن چىقىش» 21:33-22نى كۆرۈڭ). بىز بۇ قاراشقا ئورۇنلۇق دەپ قايىلمىز.

لېكىن خۇدانىڭ ئىلىياسقا دېگىنى ۋە كۆرسەتكەنلىرى مۇسا پەيغەمبەرگە كۆرسەتكەنلىرىگە ئوخشاش ئەمەس ئىدى. خۇدا ئىلىياسنى غارنىڭ ئاغزىغا چىقىشقا بۇيرۇپ: «مەن ئۆتۈپ كېتىمەن» دېدى. مۇسانىڭ سىناي تېغىدا تۇرغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش، ئىلىياستىمۇ بىرنەچچە ھەيۋەتلىك ئىشلار يۈز بەردى – دەھشەتلىك شامال، يەر تەۋرەش ۋە ئوت ئىلىياسنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. لېكىن خۇدانىڭ ھۇزۇرى بۇ ئۈچ ھادىسىنىڭ ھېچقايسىسىدا ئەمەس ئىدى. ئاندىن «بوشقىنا، مۇلايىم بىر ئاۋاز ئاڭلاندى» ۋە ئىلىياس پەرۋەردىگارنىڭ بۇ ئاۋازىدا ھازىر بولۇشىنى بىلدى.

خۇدا ئىلياستىن «بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ داد-پەريادلىرىنى تۆكۈپ بېرىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇنىڭ داد-پەريادلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى تولۇق توغرا بولۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن خۇدا ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا قايتىپ بېرىپ خىزمىتىنى داۋام قىلىشقا ئورۇن باسارلارنى بەلگىلەشكە بۇيرۇيدۇ. ئىلياسنىڭ خۇدانىڭ جازالىرىنى ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە يەھۇ ۋە ھازائەلنى، پەيغەمبەرلىك خىزمىتىگە ئېلىشانى ئورۇن باسارلار، دەپ بېكىتىپ «مەسىھ قىلىش»ى كېرەك بولىدۇ. ئاندىن خۇدا ئۇنىڭغا، ئەمەلىيەتتە سەن يالغۇز ئەمەس، ئىسرائىل ئىچىدە ماڭا سادىق بولغان يەنە يەتتە مىڭ ئادەم بار، دەيدۇ.

ئىلياس ئەسلىدە خۇدادىن «ئۆلسەم» دەپ تىلىدى. خۇدا بىزنىڭ دۇئا-تىلەكلىرىمىزنى دائىم دەل سورىغىنىمىزدەك ئىجابەت قىلماسلىقى ئەمەلىيەتتە بەختىمىزدۇر. ئاخىرىدا خۇدا ئىلياس پەيغەمبەرنى ئۆزىگە تىرىك ھالدا ئېلىپ كەتتى!

ئەمدى شامال، يەر تەۋرەش، ئوت ۋە «بوشقىنا، مۇلايىم بىر ئاۋاز» ۋە خۇدانىڭ جاۋابى توغرۇلۇق نېمە دەيمىز؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئىلياسقا (ۋە بىزگە ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ مۇھىم ساۋاقنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ: —

(ئا) بىزنىڭ ئىزدىگىنىمىز باشقا بىرسىنىڭكىگە ئوخشاش بولغان كەچۈرمىش (ئىلياس مۇسا پەيغەمبەرنىڭ كەچۈرمىشىگە ئوخشاش بولغان كەچۈرمىشنى ئىزدىگەندەك) ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆزى بولۇشى كېرەك. ئىلياس ئەسلىدە ئىسرائىلنى تۇۋىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىمان-ئىشەنچ ئارقىلىق ئاسماندىن ئوت چۈشۈرگەندى. ئىسرائىل ئېخچە تۇۋا قىلمىغانىدى. ئەمدى ئىلياس ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ھالدا تۇۋا قىلىشى ئۈچۈن خۇدا ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە دەھشەتلىك ھالدا كۆرسەتمىسە بولمايدۇ، دەپ ئويلىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. لېكىن خۇدا ئۆزىنىڭ تىنچ، شىۋىرلاپمۇ، ھەتتا يوشۇرۇن ھالدا ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنىمۇ كۆرسەتتى. بۇ ئىشلار ئىچىدە خۇدا ئىلياستىن سورىغان يوشۇرۇن بىر سوئال بار: «مېنىڭ يوللىرىمدىن رازىمۇسەن؟ ماڭا ھەقىقىي ئىشىنەمسەن؟»

(ئە) گاھى ۋاقىتلاردا ئۆزىمىزنى پۈتكۈل دۇنيادا يالغۇز (ھېچكىم ماڭا ئوخشاش دەردلىك ئەمەس؛ ھېچكىم مېنىڭ ھالىمغا يېتەلمەيدۇ ياكى مېنى چۈشەنمەيدۇ) دەپ ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. ھالبۇكى، خۇدا گاھى

ۋاقىتلاردا ئېتىقادسىزنى تاۋلاش ئۈچۈن بۇ خەۋەرنى بىزگە ئېنىق كۆرسەتمەيدۇ ياكى بىزگە ئوخشاش دەردداشلار بىلەن ئۇچراشتۇرمايدۇ.

(ب) خۇدا ھەيۋەتلىك ياكى كارامەت ئىشلاردا بولۇشى ناتايىن. بىراق بۇ كۆڭلەردە كۆپ ئادەملەر شۇنداق ئويلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتالمىش «پەيغەمبەرلەر»، «روسۇللار» ياكى «مۆجىزە ياراتقۇچىلار» تەرىپىدىن ئاسانلا ئالدىنىپ كېتىدۇ. ۋە بىز ئۆز دەۋرىمىزدىكىلەرنى ئويغىتىش ئۈچۈن كېرەك بولغىنى كارامەت ئىشلار ۋە مۆجىزىلەردۇر، دەپ ئويلىساق خاتالاشقان بولۇشىمىز مۇمكىن؛ خۇدانىڭ باشقا يوللىرى بار، مەسىلەن ھازائەل ۋە يەھۇ ئارقىلىق ئاستا يۈرگۈزۈلگەن «ئويغىتىش جازالىرى» بىلەن ياكى «بوشقىنا، مۇلايىم بىر ئاۋاز» بىلەن ئىشلىشىمۇ مۇمكىن.

## «پەيغەمبەرنى ئۇرۇش» («1پاد.» 20-باب)

بۇ بابتا بىر پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرنى ئاسىيلىق قىلغان ئاھاب پادىشاھقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، غەلىتە بىر تەدبىرنى ئىشلەتكەنلىكى خاتىرىلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە خەۋەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئەمەس (ئوقۇرمەن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزى چۈشىنەلەيدۇ)، بەلكى ئادەملىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇشى مۇمكىن بولغان خەۋەرنى يەتكۈزۈش تەدبىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. مەسىلىدە ئىككى سوئال بار: ــ

(ئا) خەۋەر نېمىشقا شۇنداق قان ئېقىتىش ئۇسۇلى بىلەن يەتكۈزۈلۈشى كېرەك؟ يەنى، خەۋەر يەتكۈزگەن پەيغەمبەر نېمىشقا باشقا پەيغەمبەر تەرىپىدىن ئۇرۇلۇشى كېرەك؟

(ئە) نېمىشقا ئۇنى ئۇرۇشنى رەت قىلغان پەيغەمبەر شۇنچە ئېغىر جازاغا ئۇچرىغان؟ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر (35-38) تۆۋەندىكىدەك: ــ

«پەيغەمبەرلەرنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەنە بىرىگە: سەندىن ئۆتۈنىمەن، مىنى ئۇرغىن، دېدى. لېكىن ئۇ ئادەم ئۇنى ئۇرغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭغا: ــ سەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىنىڭ ئۈچۈن مانا بۇ يەردىن كەتكىنىڭدە بىر شىر سېنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ، ــ دېدى. ئۇ ئۇنىڭ يېنىدىن چىققاندا، ئۇنىڭغا بىر شىر ئۇچراپ ئۇنى ئۆلتۈردى.

ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە بىر ئادەمنى تېپىپ ئۇنىڭغا: سەندىن ئۆتۈنىمەن، مېنى ئۇرغىن، دېدى. ئۇ ئادەم ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ زەخىملەندۈردى. ئاندىن پەيغەمبەر بېرىپ ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، كۆزلىرىنى تېڭىق بىلەن تېڭىپ يول بويىدا پادىشاھنى كۈتۈپ تۇردى» (35-38).

(ئا) خەۋەر يەتكۈزگەن پەيغەمبەر نېمىشقا باشقا پەيغەمبەر تەرىپىدىن ئۇرۇلۇشى كېرەك؟

بىرىنچىدىن، ئاھاب پادىشاھدەك جاھىل ۋە كاج ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، تولىمۇ ئالاھىدە بىر ئۇسۇل كېرەك ئىدى. كېيىن، رەب ئەيسا ئوخشاش سەۋەبتىن كاج ئىسرائىللارنى ئويغىتىش ۋە ئويلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ھەقىقەتلەرنى تەمسىل بىلەن ئۆگەتتى. بىراق خۇدانىڭ شۇنداق يولدا ئۆز خەلقىنى بىۋاستە ئازابلايدىغان ئىشنى بۇيرۇشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئىشتۇر. دەرۋەقە، تەۋراتتا خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق خەلققە ئۆزگە گۇل چەكتۈرۈش ياكى ماتەم بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى كېسىشنى مەنئى قىلغان («لاۋ.» 28:19). بۇ يەردە يەتكۈزۈلگەن خەۋەرنىڭ تولىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ئۇنى يەتكۈزۈش يولىدا بىر ئادەم يارىلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ پەيغەمبەرنىڭ يارىلىنىشىنىڭ ئۆزى ئاھاب پادىشاھقا «سېنىڭ ئىتائەتسىزلىكىڭ تۈپەيلىدىن كۆپ ئىسرائىللار ئوخشاشلا ياردار بولۇپ، زىيان تارتىدۇ» دېگەندەك خەۋەرنىمۇ يەتكۈزدى.

(ئە) يەتكۈزگەن پەيغەمبەر نېمىشقا باشقا پەيغەمبەر تەرىپىدىن ئۇرۇلۇشى كېرەك؟ ۋە (ب) نېمىشقا ئۇنى ئۇرۇشنى رەت قىلغان پەيغەمبەر شۇنچە ئېغىر جازاغا ئۇچرىغان؟

ھەرقانداق ئادەم ئۆز-ئۆزىنى ئۇرۇشى ئىنتايىن تەس ئىش، ئەلۋەتتە. ئەگەر پەيغەمبەر ئاددىي بىر پۇقرادىن «مېنى ئۇر» دەپ تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇ («كونا ئەھدە» دەۋرىدە) بۇنداق غەلىتە بۇيرۇقنىڭ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەتتى؟ لېكىن باشقا بىر پەيغەمبەر بولسا بۇ ئىشنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. بىرىنچى ئادەمنىڭ رەت قىلىشنىڭ نەتىجىسى شىرنىڭ ئۇنى يىرتىپ ئۆلتۈرۈشى يەنە بۇ خەۋەرنىڭ تورى

بارلىقنى تەكىتلەيدۇ. مەلۇم بىر ئەلنىڭ ھايات-مامات ئىشلىرى بىرسىنىڭ كالامغا ئىتائەت قىلىشقا زىچ باغلانغان ئەھۋالدا، خۇدانىڭ بەندىلىرى خۇدانىڭ سۆز-كالامغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆز ئىختىيارىدىكى بىر ئىش دەپ قارىسا قەتئىي بولمايدۇ. مۇشۇ يەردە ئاھاب پادىشاھنىڭ بەن-ھاداد دېگەن بۇ رەزىل ئادەمنى قويۇۋېتىشى دەل مۇشۇنداق بىر ئەھۋال ئىدى؛ بۇ ئىسرائىلنىڭ قىسمىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. شۇ مەزگىلدە خۇدانىڭ جازالىرى شۇنچە روشەن قىلىنغان ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى توسۇش ئىنتايىن ئېغىر خەتەرلىك بىر ئىشتۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈم-جازالىرى يەر يۈزىدە ئاشكارىلىنىدىغان كۈنلەردە، ئۇنىڭ سۆز-كالامىنى ئۇبدان بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئىنساننىڭ بىردىنبىر بىخەتەر باشپاناھى بولىدۇ.

## «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى»
## (21:1، 10:2، 21:11، 43:11 ۋە باشقا يەرلەردە)

– «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

## تەۋرات 13- ۋە 14-قىسىم

# «تارىخ-تەزكىرە»

## بىرىنچى قىسمى («تارىخ-تەزكىرە «1»»)

# كىرىش سۆز

## (بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قىسمىغا)

تەۋراتتىكى بارلىق تارىخىي قىسىملارغا ئوخشاش، «تارىخ-تەزكىرە» دېگەن كىتاب خۇدانىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قاراتقان نىجاتلىق پىلانىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىنىڭ قىسمەن خاتىرىسىدىن ئىبارەت. بۇ جەريان قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى مەنزىل قىلغان، ئەلۋەتتە.

گەرچە كۆپ «مۇقەددەس كىتاب» نۇسخىلىرىدا «تارىخ-تەزكىرە» دائىم ئىككى كىتاب قىلىپ («تارىخ-تەزكىرە (1)» ۋە «تارىخ-تەزكىرە (2)») نەشر قىلىنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «تارىخ-تەزكىرە» ئەسلىدە ئىبرانىي تىلىدا بىرلا كىتاب ئىدى. لېكىن بىز ئۇلارنى يەنىلا «تارىخ-تەزكىرە (بىرىنچى قىسىم)» ۋە «تارىخ-تەزكىرە (ئىككىنچى قىسىم)» دەپ ئاتىدۇق. ئىخچام بولسۇن ئۈچۈن «تارىخ-تەزكىرە (1)» ۋە «تارىخ-تەزكىرە (2)» دەپ ئاتايمىز. بۇ كىرىش سۆز «تارىخ-تەزكىرە (1)» ۋە «تارىخ-تەزكىرە (2)»گە ئورتاقتۇر.

«تارىخ-تەزكىرە»دە تەسۋىرلەنگەن تارىخلار بىلەن تەۋراتتىكى «پادىشاھلار» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن تارىخلارنىڭ كۆپ ئورتاق يەرلىرى بار؛ بۇ ئورتاق

يەرلەر سائۇل، داۋۇت ۋە سۇلايمان (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 1000-يىللىرى)دىن باشلاپ جەنۇبىي پادىشاھلىق (يەھۇدا) ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرگەن پادىشاھلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، «سامۇئىل» ۋە «پادىشاھلار»دىكى بەزى تەپسىلاتلار «تارىخ-تەزكىرە»دە قايتىلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ شۇنداق قايتىلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى تولىمۇ بىلگۈسى كېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇشبۇ كىتاب ئۇزۇن نەسەبنامىلەر بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ياكى باشقا مىللەت ياكى ئەلنىڭ تارىخىنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئويلىغان كىشىلەر بۇ نەسەبنامىلەرنىڭ مەقسەتلىرىنى پەرەز قىلالىشى مۇمكىن؛ شۇنداقتىمۇ، بىز بۇلارنىڭ شۇنداقلا بۇ قايتىلىنىشىنىڭ مەقسەتلىرى ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە سەل توختىلىمىز. «سامۇئىل» ۋە «پادىشاھلار»دىكى «كىرىش سۆز»لەرنىمۇ كۆرۈڭ.

ئەمەلىيەتتە بولسا، «تارىخ-تەزكىرە» دېگەن كىتابنىڭ مەقسىتى «پادىشاھلار»نىڭكىگە كۆپ جەھەتلەردە ئوخشىمايدۇ. «تارىخ-تەزكىرە»دە، كۆزدە تۇتۇلغىنى جەنۇبىي پادىشاھلىق، يەنى يەھۇدانىڭ تارىخىدىن ئىبارەتتۇر؛ شىمالىي پادىشاھلىقتا بولغان ئىش-ۋەقەلەر جەنۇبىي پادىشاھلىقتا يۈز بەرگەن ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولمىسا، خاتىرىلەنمەيدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كىتابنىڭ مۇئەللىپى ياكى «باش مۇھەررىر»ى بولسا يەھۇدانىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى (بار بولسا) كۆپرەك تىلغا ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ سەۋەنلىك-گۇناھلىرىنى ئاز تىلغا ئالىدۇ. بۇنداق قىلىش بىر خىل مىللەتچىلىكتىن ياكى «ئوردا تارىخچىلىرى»دەك پادىشاھلارنى ماختاشتىن بولغانمۇ؟ بىز ئۇنداق قارىمايمىز؛ بۇنىڭ سەۋەبلىرى روھىي تەرەپتىن بولغان (يەنى، مۇقەددەس روھتىن چىققان)؛ تۆۋەندە بۇ سەۋەبلەرنى كۆرستىمىز ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئۇلار توغرۇلۇق توختىلىمىز.

## ئۇشبۇ كىتاب قاچان يېزىلغان، كىم تەرىپىدىن يېزىلغان؟ كىملەر ئۈچۈن يېزىلغان؟

«پادىشاھلار»دەك، «تارىخ-تەزكىرە»مۇ شۈبھىسىزكى، دەۋردىن-دەۋرگە ياشاۋاتقان نۇرغۇن مىرزا-تارىخچىلارنىڭ ئەجرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەھۇدىي خەلقى بابىل ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن بولۇپ، پەلەستىنگە (قانائانغا) قايتىپ كەلگەن

(مىلادىيەدىن ئىلگىرى 539-يىلى)دىن كېيىن بىر ياكى بىرنەچچە مۇھەررىر بۇ مىرزا-تارىخچىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، رەتلىگەن، دەپ ئىشىنىمىز («2تار.» 23:36نى كۆرۈڭ). دېمىسەكمۇ، بۇ مىرزا-تارىخچىلار ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھەممىگە قادىرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ۋە مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىلىنىغان.

«پادىشاھلار»دىكى خاتىرىلەر ئىسرائىللارنىڭ بابىلغا سۈرگۈن بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ۋە شۇنداقلا يېزىلىش سەۋەبلىرىدىن بىرى سۈرگۈن بولغانلارنىڭ: «بىز نېمە سەۋەبتىن سۈرگۈن بولغانمىز؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئىدى؛ «تارىخ-تەزكىرە» بولسا بىرنەچچە تۈمەن يەھۇدىي خەلقى سۈرگۈن بولۇشتىن مىڭ تەسلىكتە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىلغان؛ ئۇلار شۇ سۈرگۈنلۈكنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوبدان بىلەتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم سوئال «بىز نېمە سەۋەبتىن سۈرگۈن بولغانمىز؟» ئەمەس، بەلكى «ئالدىمىزدا نېمە ئىشلار بار؟» ئىدى.

«تارىخ-تەزكىرە» دېگەن كىتابنىڭ يېزىلىشىنىڭ بىر سەۋەبى، بىزنىڭچە، بۇ قايتىپ كەلگەن «خۇدانىڭ قالدىسى»نى رىغبەتلەندۈرۈش ئىدى. كىتابنى ئوقۇغانلار خۇدانىڭ ئىسرائىل خەلقىگە كۆرسەتكەن شاپائىتى ۋە قىلغان ۋەدىلىرىدە تۇرغىنىدىن چوڭ ئىلھام ۋە رىغبەت ئالماي قالمايتتى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ نىشان-مەقسەتلىرىگە ئىمان-ئىشەنچ باغلاپ، خاتىرجەملىك ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا قارايدىغان بولاتتى.

«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بۇ تېمىغا قايتىمىز.

# كىتابنىڭ مەزمۇنى: -

## 1-قىسىم - ئىخلاسمەن پادىشاھ داۋۇت

1-9-بابلار: – ئادەمئاتىمىزدىن سائۇل پادىشاھقىچە – نەسەبنامىلەر

10-29-بابلار: – داۋۇت ۋە «ئەھدە ساندۇقى»؛ ئىسرائىلنىڭ ئەڭ ياخشى پادىشاھى

## 2-قىسىم - ئىخلاسمەن پادىشاھلار

1-9-بابلار: – سۇلايمان ۋە ئىبادەتخانا؛ ئىسرائىل ۋە يەھۇدا بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ

10-36-بابلار: – يەروبوئام پادىشاھدىن زەدەكىياغىچە بولغان تارىخ؛ يەھۇدادىكىلەرنىڭ سۈرگۈن بولۇشى ۋە قايتىپ كېلىشى

# تارىخ-تەزكىرە «1»

## ئادەمئاتىدىن ئىبراھىمغىچە بولغان نەسەبنامە

يار. 32-1:5؛ 32-1:10؛ 26-10:11؛ 6-1:25

1 [1]ئادەمئاتا، شىت، ئېنوش، [2]كېنان، ماھالالىل، يارەد، [3]ھانوخ،
مەتۇشەلاھ، لەمەخ، [4]نۇھ. نۇھتىن شەم، ھام، يافەتلەر تۆرەلگەن.

## يافەتنىڭ ئەۋلادلىرى

[5]يافەتنىڭ ئوغۇللىرى گومەر، ماگوگ، ماداي، ياۋان، تۇبال، مەشەك ۋە
تىراس ئىدى. [6]گومەرنىڭ ئوغۇللىرى ئاشكىناز، دىفات ۋە توگارماھ
ئىدى. [7]ياۋاننىڭ ئوغۇللىرى ئېلىشاھ، تارشىش ئىدى، كىتتىيلار
بىلەن رودانىيلار ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

## ھامنىڭ ئەۋلادلىرى

[8]ھامنىڭ ئوغۇللىرى كۇش، مىسىر، پۇت ۋە قانائان ئىدى.
[9]كۇشنىڭ ئوغۇللىرى سېبا، ھاۋىلاھ، سابتاھ، رائاماھ ۋە سابتىكا
ئىدى. رائامانىڭ ئوغلى شېبا ۋە دېدان ئىدى. [10]كۇشتىن يەنە
نىمرود تۆرەلگەن؛ ئۇ يەر يۈزىدە ناھايىتى زەبەردەس بىر ئادەم
بولۇپ چىقتى. [11]مىسىرنىڭ ئەۋلادلىرى لۇدىيلار، ئانامىيلار،
لەھابىيلار، نافتۇھىيلار، [12]پاترۇسىيلار، كاسلۇھىيلار (فىلىستىيلەر
كاسلۇھىيلاردىن چىققان) ۋە كافتورىيلار ئىدى.
[13]قانائاندىن تۇنجى ئوغۇل زىدون تۆرەلىپ، كېيىن يەنە ھەت
تۆرەلگەن. [14]ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەنە يەبۇسىيلار، ئامورىيلار،

---

6:1 **«دىفات»** — ياكى «رىفات» («يار.» 3:10نى كۆرۈڭ).

8:1 **«مىسىر»** — ئىبرانىي تىلدا «مىزرائىم». **«پۇت»** — پۇت لىۋىيەلىكلەرنىڭ ئەجدادى بولدى.

گىرگاشىيلار، [15] ھىۋىيلار، ئارقىيلار، سىنىيلار، [16] ئارۋادىيلار، زەمارىيلار ۋە خاماتىيلار ئىدى.

[17] شەمنىڭ ئوغۇللىرى ئېلام، ئاشۇر، ئارفاخشاد، لۇد، ئارام؛ ئارامنىڭ ئوغۇللىرى ئۇز، ھۇل، گەتەر، مەشەك ئىدى. [18] ئارفاخشادتىن شېلاھ تۆرەلدى، شېلاھتىن ئېبەر تۆرەلدى. [19] ئېبەردىن ئىككى ئوغۇل تۆرەلگەن بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى پەلەگ ئىدى، چۈنكى ئۇ ياشىغان دەۋردە يەر يۈزى بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى؛ پەلەگنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى يوقتان ئىدى. [20] يوقتاندىن ئالموداد، شەلەف، خازارماۋەت، يېراھ، [21] ھادورام، ئۇزال، دىكلاھ، [22] ئېبال، ئابىمائەل، شېبا، [23] ئوفىر، ھاۋىلاھ، يوباب تۆرەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقتاننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

## ئىبراھىمنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

[24] شەم، ئارفاخشات، شېلاھ، [25] ئېبەر، پەلەگ، رەئۇ، [26] سېرۇگ، ناھور، تەراھ، [27] ئاندىن ئابرام دۇنياغا كەلدى (ئابرام بولسا ئىبراھىمنىڭ ئۆزى).

---

17:1 **«ئارامنىڭ ئوغۇللىرى»** ــ «ئارامنىڭ ئوغۇللىرى» دېگەن سۆزلەر بەزى كونا كۆچۈرمىلەردىن يوقاپ كەتكەن. «يار.» 3:10 بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

18:1 **«ئېبەر»** ــ مەنىسى بەلكىم «(دەريادىن) ئۆتكۈچى». «ئىبرانىي» بەلكىم بۇ سۆزدىن چىققان.

19:1 **«پەلەگ»** ــ دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزى «بۆلۈنۈش»كە يېقىندۇر. «ئۇ ياشىغان دەۋردە يەر يۈزى بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى» ــ ئۈچ ئىمكانىيەت بار: (1) بۇ سۆزلەر بابىل مۇنارىدىكى ۋەقەدە، خۇدانىڭ تىلنى بۆلۈشى بىلەن ئەللەرنىمۇ بۆلگەنلىكىنى، شۇنداقلا «يەر يۈزىدىكىلەر بۆلۈنۈپ كەتكەن»لىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) يەر-زېمىننىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ («يار.» 9:1 بويىچە يەر-زېمىن ئەسلىدە بىر قۇرۇقلۇق ئىدى، ئاندىن كېيىن چوقۇم مەلۇم ۋاقىتتا ھازىرقى ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، ئامېرىكا قىتئەلىرىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن)؛ (3) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئىمكانىيەتنىڭ تەڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز شۇ ئاخىرقى ئىمكانىيەتكە مايىلمىز.

22:1 **«ئېبال»** ــ «يار.» 28:10دە «ئوبال».

## ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى

يار. 25:12-18

[28] ئىبراھىمنىڭ ئوغۇللىرى ئىسھاق بىلەن ئىسمائىل ئىدى.
[29] تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى: ئىسمائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى
نىبايوت بولۇپ، قالغانلىرى كېدار، ئادبەئەل، مىبسام، [30] مىشما،
دۇماھ، ماسسا، ھاداد، تېما، [31] يەتۇر، نافىش، قەدەماھ؛ بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
[32] ئىبراھىمنىڭ توقىلى كەتۇراھدىن تۆرەلگەن ئوغۇللار زىمران، يوقشان،
مېدان، مىدىيان، ئىشباك ۋە شۇئاھ ئىدى. يوقشاننىڭ ئوغۇللىرى شېبا
بىلەن دېدان ئىدى. [33] مىدىياننىڭ ئوغۇللىرى ئەفاھ، ئېفەر، ھانوخ،
ئابىدا، ئەلدائاھ ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەتۇراھنىڭ ئەۋلادلىرى.

[34] ئىبراھىمدىن ئىسھاق تۆرەلدى. ئىسھاقنىڭ ئوغۇللىرى ئەساۋ بىلەن
ئىسرائىل ئىدى. [35] ئەساۋنىڭ ئوغۇللىرى ئېلىفاز، رېئۇئەل، يەئۇش،
يائالام ۋە كوراھ ئىدى. [36] ئېلىفازنىڭ ئوغۇللىرى تېمان، ئومار، زەفى،
گاتام، كېناز، تىمنا ۋە ئامالەك ئىدى. [37] رېئۇئەلنىڭ ئوغۇللىرى ناھات،
زەراھ، شامماھ بىلەن مىززاھ ئىدى.

## سېئىرنىڭ ئەۋلادلىرى

يار. 36:20-30

[38] سېئىرنىڭ ئوغۇللىرى لوتان، شوبال، زىبېئون، ئاناھ، دىشون، ئېزەر
ۋە دىشان ئىدى. [39] ھورى بىلەن ھومام لوتاننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى (تىمنا

---

1:28 **«ئىسمائىل»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئىشمائىل».

1:32 يار. 25:1-6

1:34 **«ئىسرائىل»** ــ تۇنجى ئىسمى ياقۇپ، ئەلۋەتتە.

1:34 يار. 25:24-27؛ 35:27-29

1:36 **«زەفى»** ــ ياكى «زەفو» ــ «يار.» 36:11نى كۆرۈڭ. **«تىمنا ۋە ئامالەك»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «تىمنادىن بولغان ئامالەك». «يار.» 36:12نى كۆرۈڭ.

لوتاننىڭ سىڭلىسى ئىدى). 40 شوبالنىڭ ئوغۇللىرى ئاليان، ماناھات،
ئەبال، شەفى بىلەن ئونام ئىدى. زىبېئوننىڭ ئوغۇللىرى ئاياھ بىلەن ئاناھ
ئىدى. 41 ئاناھنىڭ ئوغلى دىشون ئىدى. دىشوننىڭ ئوغۇللىرى ھامران،
ئەشبان، ئىتران بىلەن كىران ئىدى. 42 ئېزەرنىڭ ئوغۇللىرى بىلھان،
زائاۋان، يائاكان ئىدى. دىشاننىڭ ئوغۇللىرى ئۇز بىلەن ئارران ئىدى.

## ئېدوم پادىشاھلىرى

يار. 43-31:36

43 ئىسرائىللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھ بولمىغان زامانلاردا،
ئېدوم زېمىنىغا پادىشاھ بولغانلار مۇنۇ كىشىلەر: بېئورنىڭ ئوغلى
بېلا؛ ئۇنىڭ پايتەختى دىنھاباھ دەپ ئاتىلاتتى. 44 بېلا ئۆلگەندىن كېيىن
بوزراھلىق زەراھنىڭ ئوغلى يوباب ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.
45 يوباب ئۆلگەندىن كېيىن تەمانلارنىڭ يۇرتىدىن بولغان ھۇشام ئۇنىڭ
ئورنىغا پادىشاھ بولدى. 46 ھۇشام ئۆلگەندىن كېيىن بېدادنىڭ ئوغلى
ھاداد ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى؛ ھاداد دېگەن بۇ ئادەم موئاب
دالاسىدا مىدىيانلارنى تارمار قىلغان، ئۇنىڭ پايتەختىنىڭ ئىسمى ئاۋىت
ئىدى. 47 ھاداد ئۆلگەندىن كېيىن ماسرەكالىق ساملاھ ئۇنىڭ ئورنىغا
پادىشاھ بولدى. 48 ساملاھ ئۆلگەندىن كېيىن دەريا بويىدىكى رەھوبوتتىن
كەلگەن سائۇل ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى. 49 سائۇل ئۆلگەندىن كېيىن
ئاكبورنىڭ ئوغلى بائال-ھانان ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى. 50 بائال-

---

39:1 **«تىمنا لوتاننىڭ سىڭلىسى»** — بۇ «تىمنا» بەلكىم 36-ئايەتتىكى «تىمنا». 36-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

40:1 **«ئاليان»** — ياكى «ئالۋان» — «يار.» 23:36نى كۆرۈڭ. **«شەفى»** — ياكى «شېفو» — «يار.» 23:36نى كۆرۈڭ.

41:1 **«ھامران»** — «يار.» 23:36دە «ھەمدان».

42:1 **«يائاكان»** — «يار.» 27:36دە باشقا شەكىلدە «ئاكان» دەپ ئوقۇلىدۇ. **«دىشان»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «دىشون» تېپىلىدۇ. «دىشان» توغرىدۇر. 38-ئايەتنى ۋە «يار.» 28:36نى كۆرۈڭ.

48:1 **«دەريا»** — بەلكىم ئەفرات دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھانان ئۆلگەندىن كېيىن ھاداد ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ پايتەختىنىڭ ئىسمى پاي ئىدى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى مەھېتابەل بولۇپ، مەي-زاھابنىڭ نەۋرىسى، ماترەدنىڭ قىزى ئىدى. [51] ئاندىن ھاداد ئۆلدى.

## ئېدومدىكى قەبىلە باشلىقلىرى

[52] ئېدوملۇقلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى: قەبىلە باشلىقى تىمنا، قەبىلە باشلىقى ئالىيا ، قەبىلە باشلىقى يەتەت، قەبىلە باشلىقى ئوھولىباماھ، قەبىلە باشلىقى ئەلاھ، قەبىلە باشلىقى پىنون، [53] قەبىلە باشلىقى كېناز، قەبىلە باشلىقى تېمان، قەبىلە باشلىقى مىبزار، [54] قەبىلە باشلىقى ماگدىيەل، قەبىلە باشلىقى ئىرام؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېدومدىكى قەبىلە باشلىقلىرىدۇر.

## ئىسرائىل ـ يەنى ياقۇپ ـ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

2 [1] ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى رۇبەن، شىمېئون، لاۋىي، يەھۇدا، ئىسساكار، زەبۇلۇن، [2] دان، يۈسۈپ، بىنيامىن، نافتالى، گاد ۋە ئاشىردىن ئىبارەت.

## يەھۇدانىڭ ئەۋلادلىرى

[3] يەھۇدانىڭ ئوغلى ئېر، ئونان ۋە شېلاھ ئىدى. بۇ ئۈچەيلەن قانائانلىق شۇيانىڭ قىزىدىن بولغان. يەھۇدانىڭ تۇنجى ئوغلى ئېر پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغانلىقىدىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ جېنىنى ئالغان. [4] يەھۇداغا كېلىنى تاماردىن پەرەز بىلەن زەراھ

---

50:1 **«پاي»** ــ ياكى «پائۇ» ــ «يار.» 36:39نى كۆرۈڭ.

52:1 **«ئېدوملۇقلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى»** ــ بۇنىڭ ئاۋۋالقى خەۋەرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ئەنەنىۋىي تەرتىپدىكى 1-ئايەتتىن 2-ئايەتكە كۆچۈرۈپ قويدۇق. **«ئالىيا»** ــ ياكى «ئالۋا» ــ «يار.» 36:40نى كۆرۈڭ.

تۆرەلگەن. يەھۇدانىڭ جەمئىي بەش ئوغلى بولغان.
[5] پەرەزنىڭ ئوغۇللىرى ھەزرون بىلەن ھامۇل ئىدى. [6] زەراھنىڭ ئوغۇللىرى
زىمرى، ئېتان، ھېمان، كالكول بىلەن دارا قاتارلىق بەش ئىدى.
[7] كارمىنىڭ ئوغلى ئاكار ئىدى. ئاكار بولسا خۇدا لەنەت قىلغان
نەرسىنى ئېلىپ، «ئىسرائىلغا بالا-قازا كەلتۈرگۈچى» بولۇپ چىقتى.
[8] ئېتاننىڭ ئوغلى ئازاريا ئىدى.

## ھەزروننىڭ ئەۋلادلىرى

[9] ھەزروندىن تۆرەلگەن ئوغۇللار يەراھمىيەل، رام ۋە كالەب ئىدى.
[10] ئاممىناداب رامدىن تۆرەلگەن؛ ناھشون ئاممىنادابتىن تۆرەلگەن؛
ناھشون يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولغان. [11] سالمون
ناھشوندىن تۆرەلگەن؛ بوئاز سالموندىن تۆرەلگەن. [12] ئوبەد بوئازدىن
تۆرەلگەن؛ يەسسە ئوبەددىن تۆرەلگەن. [13] يەسسەنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
تۇنجىسى ئېلىئاب، ئىككىنچىسى ئابىناداب، ئۈچىنچىسى شىمىيا،
[14] تۆتىنچىسى نەتانەل، بەشىنچىسى رادداي، [15] ئالتىنچىسى ئوزەم،
يەتتىنچىسى داۋۇت ئىدى. [16] زەرۇئىيا بىلەن ئابىگائىل ئۇلارنىڭ
سىڭلىسى ئىدى. زەرۇئىيانىڭ ئابىشاي، يوئاب ۋە ئاساھەل دېگەن
ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. [17] ئاماسا ئابىگائىلدىن تۆرەلدى؛ ئاماسانىڭ
ئاتىسى ئىسمائىللاردىن بولغان يەتەر ئىدى.

---

4:2 **«...بىلىنى تاماردىن... تۆرەلگەن»** — مۇشۇ قىرىق ۋەقە «يار.» 38-بابتا خاتىرىلىنىدۇ.
7:2 **«ئاكار»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئاۋارە، كۈلپەت، بالا-قازا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «يەشۇئا» 1:6 ۋە 25:7نى كۆرۈڭ. شۇ يەردە ئاكار «ئاكان» دەپ ئاتىلىدۇ.
9:2 **«كالەب»** — «كالەب» مۇشۇ يەردە «كالۇباي» شەكلىدە. 18-ئايەتنى كۆرۈڭ.
11:2 **«سالمون»** — ياكى «سالما». «رۇت» 21:4نى كۆرۈڭ.
13:2 **«شىمىيا»** — «1سام.» 13:17دە «شامماھ».
16:2 **«ئابىشاي»** — ياكى «ئابشاي».
17:2 **«ئاماسانىڭ ئاتىسى ئىسمائىللاردىن بولغان يەتەر»** — «2سام.» 25:17نى كۆرۈڭ. يەتەر (ئىترا) بەلكىم ئەسلىدە ئىسمائىللار ئارىسىدا تۇغۇلغان ياكى تۇرغانىدى.

## كالەبنىڭ ئەۋلادلىرى

[18] كالەب ئازۇباھ (يېرىئوت دەپمۇ ئاتىلىدۇ)تىن ئوغۇل كۆردى؛ ئازۇباھتىن بولغان ئوغۇللىرى يەشەر، شوباب ۋە ئاردون ئىدى. [19] ئازۇباھ ئۆلگەندىن كېيىن كالەب يەنە ئەفراتنى ئالدى؛ ئەفرات ئۇنىڭغا خۇرنى تۇغۇپ بەردى. [20] خۇردىن ئۇرى تۆرەلدى؛ ئۇرىدىن بەزالەل تۆرەلدى.
[21] كېيىن ھەزرون گىلېئادنىڭ ئاتىسى ماكىرنىڭ قىزىنى ئېلىپ بىر ياستۇققا باش قويۇۋىدى (ئۇ ئاتمىش ياشقا كىرگەندە ئۇنى ئالغان)، ئۇنىڭدىن سەگۇب تۆرەلدى.
[22] سەگۇبتىن يائىر تۆرەلدى؛ يائىرنىڭ گىلېئاد زېمىنىدا يىگىرمە ئۈچ شەھىرى بار ئىدى. [23] گەشۇر بىلەن ئارام شۇ يۇرتتىكىلەردىن «يائىرنىڭ يېزا-قىشلاقلىرى»نى، كىناتنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزىلار بولۇپ جەمئىي ئاتمىش يېزا-شەھەرنى تارتىۋالدى.
يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى گىلېئادنىڭ ئاتىسى ماكىرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.
[24] ھەزرون كالەب-ئەفراتاھدا ئۆلگەندىن كېيىن، ئايالى ئابىياھ ئۇنىڭغا ئاشخورنى تۇغدى؛ ئاشخور تەكوئانىڭ ئاتىسى ئىدى.

## يەراھمىيەلنىڭ ئەۋلادلىرى

[25] ھەزروننىڭ تۇنجى ئوغلى يەراھمىيەلنىڭ ئوغۇللىرى رام، بۇناھ، ئورەن، ئوزەم ۋە ئاخىياھ ئىدى. [26] يەراھمىيەلنىڭ ئاتاراھ دېگەن يەنە بىر ئايالى بار ئىدى، ئۇ ئونامنىڭ ئانىسى ئىدى. [27] يەراھمىيەلنىڭ تۇنجى ئوغلى رامنىڭ ئوغۇللىرى مائاز، يامىن ۋە ئېكەر ئىدى. [28] ئونامنىڭ ئوغۇللىرى شاماي بىلەن يادا ئىدى؛ شامماينىڭ ئوغۇللىرى ناداب بىلەن ئابىشۇر ئىدى. [29] ئابىشۇرنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى ئابىھايىل بولۇپ، ئابىھايىلدىن ئۇنىڭغا ئاھبان بىلەن

---

18:2 **«كالەب ئازۇباھ يېرىئوت دەپمۇ ئاتىلىدۇدىن ئوغۇل كۆردى»** ــ ياكى «كالەب ئازۇباھدىن ئوغۇل تاپتى، شۇنداقلا يېرىئوتتىن ئوغۇل كۆردى». **«ئازۇباھتىن بولغان ئوغۇللىرى يەشەر...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭدىن بولغان ئوغۇللىرى يەشەر...».

مولىد تۇرەلدى. [30] نادابنىڭ ئوغۇللىرى سەلەد بىلەن ئاپپايىم ئىدى؛ سەلەد تا ئۆلگۈچە ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەن. [31] يىشى ئاپپايىمنىڭ ئوغلى؛ شېشان يىشىنىڭ ئوغلى؛ ئاخلاي شېشاننىڭ ئوغلى ئىدى. [32] شاممايىنىڭ ئىنىسى يادانىڭ ئوغۇللىرى يەتەر بىلەن يوناتان ئىدى؛ يەتەر تاكى ئۆلگۈچە ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەن. [33] پەلەت بىلەن زازا يوناتاننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى يەراھمىيەلنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. [34] شېشان قىز پەرزەنت كۆرۈپ، ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەنىدى؛ شېشاننىڭ مىسىرلىق يارخا دەيدىغان بىر مالىيى بار ئىدى. [35] شېشان قىزىنى مالىيى يارخاغا خوتۇنلۇققا بەرگەن، ئۇنىڭدىن يارخاغا ئاتتاي تۇرەلگەن. [36] ئاتتايدىن ناتان؛ ناتاندىن زاباد تۇرەلگەن. [37] زابادتىن ئەفلال؛ ئەفلالدىن ئوبەد تۇرەلگەن. [38] ئوبەدتىن يەھۇ؛ يەھۇدىن ئازارىيا تۇرەلگەن. [39] ئازارىيادىن ھەلەز؛ ھەلەزدىن ئەلئاساھ تۇرەلگەن. [40] ئەلئاساھتىن سىسماي؛ سىسمايدىن شاللۇم تۇرەلگەن. [41] شاللۇمدىن يەكامىيا؛ يەكامىيادىن ئەلىشاما تۇرەلگەن.

## كالەبنىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

[42] يەراھمىيەلنىڭ ئىنىسى كالەبنىڭ ئوغۇللىرى تۆۋەندىكىلەر: مىشا ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى بولۇپ، زىفنىڭ ئاتىسى ئىدى؛ مارىشاھمۇ ئۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھېبروننىڭ ئاتىسى ئىدى. [43] ھېبروننىڭ ئوغۇللىرى كوراھ، تاپپۇئاھ، رەكەم ۋە شېما ئىدى. [44] شېمادىن راھام تۇرەلگەن؛ ئۇ يورقېئامنىڭ ئاتىسى ئىدى؛ شاماي رەكەمدىن تۇرەلگەن. [45] مائون شامماينىڭ ئوغلى؛ مائون بەيت-زۇرنىڭ ئاتىسى ئىدى. [46] كالەبنىڭ توقىلى ئەفاھدىن ھاران، موزا ۋە گازەز تۇرەلگەن. ھاراندىن گازەز تۇرەلگەن.

[47] ياخداينىڭ ئوغۇللىرى رەگەم، يوتام، گەشان، پەلەت، ئەفاھ ۋە شائافلار ئىدى. [48] كالەبنىڭ توقىلى مائاكاھدىن شېبەر بىلەن تىرخاناھ تۇرەلگەن؛

42:2 «مارىشاھمۇ ئۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھېبروننىڭ ئاتىسى ئىدى» — بۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى چۈشىنىش تەس، باشقا تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

[49] ئۇنىڭدىن يەنە مادماننا ھىنىڭ ئاتىسى شائاف، ماكبىنانىڭ ئاتىسى ۋە گىبېئاھنىڭ ئاتىسى شىۋا تۆرەلگەن. ئاكساھ كالەبنىڭ قىزى ئىدى.
[50] يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى كالەبنىڭ ئەۋلادلىرى.
ئەفراتاھنىڭ تۇنجى ئوغلى خۇرنىڭ ئوغۇللىرى: كىرىئات-يېئارىمنىڭ ئاتىسى شوبال، [51] بەيت-لەھەمنىڭ ئاتىسى سالما، بەيت-گادەرنىڭ ئاتىسى خارەف ئىدى.
[52] كىرىئات-يېئارىمنىڭ ئاتىسى شوبالنىڭ ئەۋلادلىرى: خاروئەھ ھەمدە ماناخاتلارنىڭ يېرىمى ئىدى.
[53] كىرىئات-يېئارىم جەمەتلىرىدىكىلەر ئىترىيلەر، پۇتىيلار، شۇماتىيلار، مىشرائىيلار بولۇپ، بۇ جەمەتلەردىن يەنە زوراتىيلار بىلەن ئەشتايولىيلار ئايرىلىپ چىققان. [54] سالمانىڭ ئەۋلادلىرى بەيت-لەھەم بىلەن نىتوفاتلار، ئاتروت-بەيت-يوئابلار، ماناھاتلارنىڭ يېرىمى قىسمى، زورىيلار، [55] يابەزدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تەۋرات خەتتاتلىرى، يەنى تىراتىيلار، شىمياتىيلەر بىلەن سۇكاتىيلار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېنىيلەر بولۇپ، رەكاب جەمەتىنىڭ بوۋىسى خاماتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى.

## داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرى

3 [1] داۋۇتنىڭ ھېبروندا تۇغۇلغان ئوغۇللىرى: تۇنجى ئوغلى ئامنون بولۇپ، يىزرەئەللىك ئاخىنوئامدىن بولغان؛ ئىككىنچى ئوغلى دانىيال كارمەللىك ئابىگائىلدىن بولغان؛ [2] ئۈچىنچى ئوغلى ئابشالوم گەشۇرنىڭ پادىشاھى تالمايىنىڭ قىزى مائاكاھدىن بولغان؛ تۆتىنچى

---

50:2 **«ئەفراتاھ»** — ئىبرانىي تىلدا «ئەفرات» ئۇنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىدۇر. 19-ئايەتنى كۆرۈڭ. **«خۇرنىڭ ئوغۇللىرى»** — ئىبرانىي تىلدا «خۇرنىڭ ئوغلى» — مۇشۇ يەردە بىرنەچچە ئوغۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
52:2 **«ماناخاتلار»** — ياكى «مەنۇخىيلارنىڭ»
55:2 **«تەۋرات خەتتاتلىرى»** — بەلكىم خەلقنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ تەۋرات كۆچۈرمىلىرىنى يېزىپ چىققۇچىلار ئىدى. **«رەكاب جەمەتىنىڭ...»** — ياكى «بەيت-رەكابنىڭ...».

ئوغلى ئادونىيا بولۇپ، ھاگگىتتىن بولغانىدى؛ [3] بەشىنچى ئوغلى
شەفاتىيا بولۇپ، ئابىتالدىن بولغانىدى؛ ئالتىنچى ئوغلى ئىترىيام
بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى ئەگلاھدىن بولغانىدى. [4] بۇ ئالتە ئوغۇل داۋۇتتىن
ھېبروندا تۆرەلگەن؛ ئۇ ھېبروندا يەتتە يىل ئالتە ئاي، يېرۇسالېمدا
بولسا ئوتتۇز ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلغان. [5] يېرۇسالېمدا ئۇنىڭغا
ئاممىيەلنىڭ قىزى بات-شۇئادىن بۇ تۆتەيلەن تۆرەلگەن: ئۇلار شىمىيا،
شوباب، ناتان ۋە سۇلايمان ئىدى.
[6] يەنە ئىبھار، ئەلىشاما، ئەلىفەلەت، [7] نوگاھ، نەفەگ، يافىيا، [8] ئەلىشاما،
ئەلىيادا، ئەلىفەلەت قاتارلىق توققۇز ئوغۇل بولغان. [9] بۇلارنىڭ
ھەممىسى داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا توقاللىرىدىن
بولغان ئوغۇللار بار ئىدى؛ تامار ئۇلارنىڭ سىڭلىسى ئىدى.

## سۇلايماننىڭ ئەۋلادلىرى

[10] سۇلايماننىڭ ئوغلى رەھوبوئام، رەھوبوئامنىڭ ئوغلى ئابىيا،
ئابىيانىڭ ئوغلى ئاسا، ئاسانىڭ ئوغلى يەھوشافات، [11] يەھوشافاتنىڭ
ئوغلى يورام، يورامنىڭ ئوغلى ئاھازىيا، ئاھازىيانىڭ ئوغلى يوئاش،
[12] يوئاشنىڭ ئوغلى ئامازىيا، ئامازىيانىڭ ئوغلى ئازارىيا، ئازارىيانىڭ
ئوغلى يوتام، [13] يوتامنىڭ ئوغلى ئاھاز، ئاھازنىڭ ئوغلى ھەزەكىيا،
ھەزەكىيانىڭ ئوغلى ماناسسەھ، [14] ماناسسەھنىڭ ئوغلى ئامون،
ئامونىنىڭ ئوغلى يوسىيا ئىدى. [15] يوسىيانىڭ ئوغۇللىرى: تۇنجى
ئوغلى يوھانان، ئىككىنچى ئوغلى يەھوئاكىم، ئۈچىنچى ئوغلى
زەدەكىيا، تۆتىنچى ئوغلى شاللۇم ئىدى. [16] يەھوئاكىمنىڭ ئوغۇللىرى:
ئوغلى يەكونىياھ بىلەن ئوغلى زەدەكىيا.

---

5:3 **«بات-شۇئا»** — ياكى «بات-شېبا» — «1سام.» 11:3نى كۆرۈڭ.
6:3 **«ئەلىشاما»** — ياكى «ئەلىشۇئا» — 5:14نى كۆرۈڭ. **«ئەلىفەلەت»** — ياكى «ئەلپەلەت» — 5:14نى كۆرۈڭ.
11:3 **«يورام»** — بەزى يەرلەردە «يەھورام» دېيىلدۇ.
16:3 **«يەكونىياھ»** — باشقا شەكلى «يەھوئاكىن».

## پادىشاھ جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ـ سۇرگۈن بولغاندىن كېيىن

[17] سۇرگۈن قىلىنغان يەكونىياھنىڭ ئوغۇللىرى: ــ شېئالتىئەل ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى؛ [18] يەنە مالقىرام، پەداياھ، شەناززار، يەكامىيا، ھوشاما ۋە نەبادىيا ئىدى.

[19] پەداياھنىڭ ئوغۇللىرى زەرۇببابەل بىلەن شىمەي ئىدى؛ زەرۇببابەلنىڭ پەرزەنتلىرى: ــ مەشۇللام بىلەن ھانانىيا ۋە ئۇلارنىڭ سىڭلىسى شېلومىت ئىدى؛ [20] ئۇنىڭ يەنە ھاشۇباھ، ئوھەل، بەرەكىيا، ھاسادىيا، يۇشاب-ھەسەد قاتارلىق بەش ئوغلى بار ئىدى.

[21] ھانانىيانىڭ ئوغۇللىرى پىلاتىيا ۋە يەشايا ئىدى؛ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەنە رىفايانىڭ ئوغۇللىرى، ئارناننىڭ ئوغۇللىرى، ئوبادىيانىڭ ئوغۇللىرى ۋە شېكانىيانىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [22] شېكانىيانىڭ ئەۋلادلىرى مۇنۇلار: ئۇنىڭ ئوغلى شېمايا؛ شېمايانىڭ ئوغۇللىرى ھاتتۇش، يىگېئال، بارىيا، نېئارىيا، شافات بولۇپ جەمئىي ئالتە ئىدى.

[23] نېئارىيانىڭ ئوغۇللىرى ئەليويىناي، ھەزەكىيا، ئازرىكام بولۇپ جەمئىي ئۈچ ئىدى. [24] ئەليويىنايىنىڭ ئوغۇللىرى خوداۋىيا، ئەلىياشىب، پەلايا، ئاككۇب، يوھانان، دېلايا، ئانانى بولۇپ جەمئىي يەتتە ئىدى.

## يەھۇدا ئەۋلادلىرىنىڭ تەكرار بايان قىلىنىشى

4 [1] يەھۇدانىڭ ئوغۇللىرى پەرەز، ھەزرون، كارمى، خۇر ۋە شوبال ئىدى. [2] شوبالنىڭ ئوغلى رېئايادىن جاھات تۆرەلدى؛ جاھاتتىن ئاخۇماي بىلەن لاھاد تۆرەلدى. بۇلار زوراتىي جەمەتىدىن ئىدى. [3] ئېتامنىڭ ئوغۇللىرى يىزرەئەل، ئىشما، ئىدباش ئىدى؛ ئۇلارنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئىسمى ھازىلېلپونى ئىدى. [4] گەدورنىڭ ئاتىسى پەنۇئەل؛ خۇشاھنىڭ

17:3 **«شېئالتىئەل»** ــ باشقا شەكلى «سالاتىئەل».

22:3 **«يىگېئال»** ــ ياكى «ئىگال».

3:4 **«ئېتامنىڭ ئوغۇللىرى يىزرەئەل،...»** ــ ياكى «ئېتامنىڭ ئاتىسىدىن بولغان: يىزرەئەل،...»

ئاتىسى ئېزەر ئىدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى بەيت-لەھەمنىڭ ئاتىسى
بولغان ئەفراتاھنىڭ تۇنجى ئوغلى خۇردىن تۆرەلگەن.
5 تەكوئانىڭ ئاتىسى ئاشخورنىڭ ھېلاھ ۋە نائاراھ دېگەن ئىككى ئايالى
بار ئىدى. 6 نائاراھ ئاشخورغا ئاخۇززام، ھەفەر، تەمەنى، ئاخاشتارىنى
تۇغۇپ بەردى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى نائاراھنىڭ ئوغۇللىرى. 7 ھېلاھنىڭ
ئوغۇللىرى زەرەت، زوھار بىلەن ئەتنان ۋە 8 كوز ئىدى؛ كوزدىن ئانوب،
ھاززىبىبا بىلەن خارۇمنىڭ ئوغلى ئاخارھەلنىڭ جەمەتلىرى تۆرەلدى.
9 يابەز ئۆز قېرىنداشلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك ھۆرمەتلىك
ئىدى، ئانىسى: «تۇغۇتى ئۇستىدە بەك ئازاپلاندىم» دەپ ئۇنىڭغا
يابەز دېگەن ئىسمىنى قويغان. 10 يابەز ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا نىدا
قىلىپ: «مېنى ناھايىتى كۆپ بەرىكەتلىگەن بولساڭ، زېمىنىمنى
كېڭەيتسەڭ، قولۇڭ بىلەن مېنى يۆلەپ، بالا-قازادىن ساقلاپ، ماڭا
ئازاب-ئوقۇبەتنى كۆرسەتمىگەيسەن!» — دەپ تىلىدى. خۇدا ئۇنىڭ
تىلىگىنى ئىجابەت ئەيلىدى.
11 شۇخاھنىڭ ئىنىسى كېلۇبتىن مېخىر تۆرەلگەن؛ مېخىر ئېشتوننىڭ
ئاتىسى ئىدى. 12 ئېشتوندىن بەيت-رافا، پاسېئاھ ۋە ئىر-ناھاشنىڭ
ئاتىسى تېخىنناھ تۆرەلدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى رېكاھلىقلار ئىدى.
13 كېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىيەل بىلەن سېرايا ئىدى؛ ئوتنىيەلنىڭ ئوغلى
خاتات بىلەن مېئونوتاي ئىدى. 14 مېئونوتايدىن ئوفراھ تۆرەلدى.
سېرايادىن «ھۈنەرۋەنلەر جىلغىسى»دىكىلەرنىڭ ئەجدادى بولغان
يوئاب تۆرەلدى (ئۇلار ئەسلىدە ھۈنەرۋەنلەر ئىدى). 15 يەفۇننەھنىڭ

---

(كۆپ كونا كۆچۈرمىلەردە «ئاتىسى» دېيىلىدۇ). مۇشۇ يەردە بىر قىسىم قەدىمكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ «ئوغۇللىرى» دەپ ئالدۇق.

**9:4 «يابەز ئۆز قېرىنداشلىرى ئىچىدە... : «تۇغۇتى ئۇستىدە بەك ئازاپلاندىم» دەپ ئۇنىڭغا يابەز دېگەن ئىسمىنى قويغان»** — يابەزنىڭ يەھۇدا جەمەتىنىڭ قايسى ئائىلىسىدىن چىققانلىقى توغرۇلۇق باشقا خەۋىرىمىز يوق. كورنىڭ ئائىلىسىدىن بولۇشى مۇمكىن (8-ئايەتنى كۆرۈڭ). ئىبرانيي تىلىدا «ئازاب» ۋە «يابەز» دېگەنلەرنىڭ تەلەپپۇزى يېقىن.

**12:4 «ئىر-ناھاشنىڭ ئاتىسى»** — ياكى «ناھاش شەھىرىدىكىلەرنىڭ ئاتىسى».

**14:4 «ھۈنەرۋەنلەر جىلغىسى»** — ئىبرانيي تىلىدا «گې-خاراشىم».

ئوغلى كالەبنىڭ ئوغۇللىرى ئىرۇ، ئېلاھ بىلەن نائام ئىدى؛ ئېلاھنىڭ ئوغلى كېناز ئىدى. [16] يەھاللەلئەلنىڭ ئوغۇللىرى زىف بىلەن زىفاھ، تىرىيا بىلەن ئاسارىيەل ئىدى. [17-18] ئەزرانىڭ ئوغۇللىرى: ــ يەتەر، مېرەد، ئېفەر ۋە يالونلار؛ مېرەد پىرەۋۇننىڭ قىزى بىتىيانى ئالدى؛ ئۇ ھامىلىدار بولۇپ مەرىيەم، شاماي بىلەن ئېشتېموئانىڭ ئاتىسى ئىشباھنى تۇغدى. بۇلار بىتىيادىن بولغان ئوغۇللار. مېرەدنىڭ يەھۇدالاردىن بولغان ئايالى بولسا گەدورنىڭ ئاتىسى يەرەدنى، سوكوھنىڭ ئاتىسى ھەبەر بىلەن زانوئاھنىڭ ئاتىسى يەكۇتىيەلنى تۇغدى.

[19] ناھامنىڭ سىڭلىسى خودىيانىڭ ئايالىدىن گارمىلىق كېئىلاھنىڭ ئاتىسى بىلەن مائاكات جەمەتىدىن بولغان ئېشتېموئانىڭ ئاتىسى تۆرەلگەن.

[20] شىموننىڭ ئوغۇللىرى ئامنون ۋە رىنناھ، بەن-ھانان بىلەن تىلون ئىدى.

يىشىنىڭ ئوغۇللىرى زوھەت بىلەن بىن-زوھەت ئىدى.

[21] شېلاھ يەھۇدانىڭ ئوغلى ئىدى؛ ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن لېكاھنىڭ ئاتىسى ئېر، مارەشاھنىڭ ئاتىسى لائاداھ ۋە بەيت-ئاشبېيادا ئولتۇراقلاشقان چەكمەن توقۇغۇچىلارنىڭ جەمەتلىرى [22] ۋە يەنە يوكىم، كوزبالىقلار، يوئاش بىلەن ساراف (بۇلار ئىككىسى موئاب يۇرتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان) ۋە ياشۇبى-لەھەملەرمۇ بار ئىدى (بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى خاتىرىلەردۇر). [23] بۇلار نېتايىم ۋە گەدەراھدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كۇلالچىلار ئىدى؛ ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇپ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى.

## شىمېئوننىڭ ئەۋلادلىرى

[24] نەمۇئەل ۋە يامىن، يارىب، زەراھ بىلەن سائۇل شىمېئوننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [25] شاللوم سائۇلنىڭ ئوغلى؛ مىبسام شاللومنىڭ

---

24:4 «نەمۇئەل» ــ «يار.» 10:46دە «يەمۇئەل».

ئوغلى، مىشما مىبسامنىڭ ئوغلى ئىدى. [26] مىشمانىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىلەر: ــ مىشمانىڭ ئوغلى خامۇئىل؛ خامۇئىلنىڭ ئوغلى زاككۇر؛ زاككۇرنىڭ ئوغلى شىمەي ئىدى. [27] شىمەينىڭ ئون ئالتە ئوغلى، ئالتە قىزى بار ئىدى؛ ئۇنىڭ ئاكا-ئىنىلىرىنىڭ پەرزەنتى كۆپ بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ جەمەتىنىڭ پەرزەنتلىرى يەھۇدا جەمەتىنىڭكىدەك ئۇنداق كۆپ بولمىغان. [28] ئۇلار بەئەر-شېبا، مولاداھ، ھازار-شۇئال، [29] بىلھاھ، ئېزەم، تولاد، [30] بېتۇئەل، خورماھ، زىكلاگ، [31] بەيت-ماركابوت، ھازار-سۇسىم، بەيت-بىرى ۋە شائارائىمغا ماكانلاشقانىدى. تاكى داۋۇت پادىشاھنىڭ دەۋرىگىچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى ئىدى. [32] ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلار ئېتام، ئايىن، رىممون، توكەن ۋە ئاشان قاتارلىق بەش شەھەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. [33] ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى بارلىق يېزا-كەنتلەر تاكى بائالغا قەدەر شۇلارغا قارايتتى. بۇلار بولسا ئۇلار ماكانلاشقان جايلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز نەسەبنامىلىرىمۇ بار ئىدى.
[34] ئۇلارنىڭ جەمەت باشلىرى مېشوباب، ياملەك، ئامازىيانىڭ ئوغلى يوشاھ، [35] يوئېل، يوسىبىيانىڭ ئوغلى يەھۇ (يوسىبىيا سېرايانىڭ ئوغلى، سېرايا ئاسىئەلنىڭ ئوغلى ئىدى)، [36] ئەليويىناي، يائاكوباھ، يەشوھايا، ئاسايا، ئادىئەل، يەسىمىئەل، بىنايا [37] ۋە شىفىنىڭ ئوغلى زىزالار ئىدى (شىفى ئاللوننىڭ ئوغلى، ئاللون يەدايانىڭ ئوغلى، يەدايا شىمرىنىڭ ئوغلى، شىمرى شېمايانىڭ ئوغلى ئىدى). [38] يۇقىرىدا خاتىرىلەپ ئۆتۈلگەن ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى جەمەت باشلىرى ئىدى؛ بۇلارنىڭ جەمەتلىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى گۈللەنگەنىدى. [39] ئۇلار قوي پادىلىرىغا ئوتلاق ئىزلەپ تاكى گەدور ئېغىزىغىچە، يەنى جىلغىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگىچە بارغانىدى. [40] ئۇلار شۇ يەردە ياپيېشىل، ناھايىتى مۇنبەت بىر ئوتلاق تاپقان؛ ئۇ يەر تولىمۇ كەڭ، ھەم تازا ھەم تىنچ ئىدى. ئىلگىرى شۇ يەردە

33:4 **«بائالغا قەدەر...»** ــ ياكى «بائالاتقا قەدەر...».

ئولتۇراقلاشقانلار ھامدىكىلەردىن ئىكەن.
[41] يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن كىشىلەر يەھۇدانىڭ پادىشاھى ھەزەكىيانىڭ زامانىدا شۇ ھامدىكىلەرنىڭ چېدىرلىرىغا ۋە ئۇ يەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق مېئونلۇقلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تامامەن يوقاتقانىدى، تاكى بۈگۈنگە قەدەر؛ ئۇلار شۇلارنىڭ يەرلىرىگە ماكانلاشتى، چۈنكى ئۇ يەرلەردە پادىلىرىنى باققۇدەك ئوتلاق بار ئىدى.
[42] شۇ چاغلاردا شىمېئونلاردىن يەنە بەش يۈز كىشى سېئىر تېغىغا قاراپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرى يىشىنىڭ ئوغۇللىرى پېلاتىيا، نېئارىيا، رىفايا بىلەن ئۇززىئەل ئىدى؛ [43] ئۇلار قېچىپ تىرىك قالغان ئامالەكلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، بۈگۈنگە قەدەر شۇ يەردە ماكانلىشىپ ئۆتۈۋاتىدۇ.

## رۇبەننىڭ ئەۋلادلىرى

5 [1] ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەننىڭ ئوغۇللىرى مۇنۇلار: ــ (رۇبەن گەرچە تۇنجى ئوغۇل بولغىنى بىلەن، لېكىن ئاتىسىنىڭ توقلىلى بىلەن زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغۇللۇق ھوقۇقى ئىسرائىلنىڭ ئوغلى بولغان يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرىغا ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن. شۇڭا نەسەبنامە بويىچە ئۇ چوڭ ئوغۇل ھېسابلانمايدۇ. [2] يەھۇدا قېرىنداشلىرى ئىچىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان بولسىمۇ ۋە ئىدارە قىلغۇچى ئۇنىڭدىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ ئوغۇللۇق ھوقۇقى يۈسۈپكە تەۋە بولۇپ كەتكەن): ــ
[3] ئىسرائىلنىڭ تۇنجىسى رۇبەننىڭ ئوغۇللىرى مۇنۇلار: ــ ھانوخ ۋە پاللۇ، ھەزرون ۋە كارمى.
[4] يوئېلنىڭ ئەۋلادلىرى مۇنۇلار: ــ يوئېلنىڭ ئوغلى شېمايا، شېمايانىڭ

---

1:5 **«ئاتىسىنىڭ توقلىلى بىلەن زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاتىسىنىڭ ياتقان ئورنىنى بۇلغىغىنى ئۈچۈن...» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «يار.» 22:35نى كۆرۈڭ.
2:5 **«ئىدارە قىلغۇچى»** ــ بەلكىم داۋۇت پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوغلى گوگ، گوگنىڭ ئوغلى شىمەي، [5] شىمەيىنىڭ ئوغلى مىكاھ، مىكاھنىڭ ئوغلى رىئايا، رىئايانىڭ ئوغلى بائال، [6] بائالنىڭ ئوغلى بەئەراھ؛ بەئەراھ ئاسۇرىيە پادىشاھى تىلگات-پىلنەسەر تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىپ كېتىلگەن. ئۇ چاغدا ئۇ رۇبەن قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.

[7] ئۇنىڭ ئىنىلىرى نەسەبنامىسىدە خاتىرىلەنگەندەك، جەمەتلىرىنىڭ تارىخى بويىچە يولباشچى بولغان يەئىيەل، زەكەرىيا ۋە بېلا دەپ پۈتۈلگەندى [8] (بېلا ئازازنىڭ ئوغلى، ئازاز شېمانىڭ ئوغلى، شېما يوئېلنىڭ ئوغلى ئىدى). يوئېللار ئاروئەردە، نېبو ۋە بائال-مېئونغىچە سوزۇلغان جايلاردا تۇراتتى. [9] ئۇلار يەنە كۈن چىقىشقا قاراپ تاكى ئېفرات دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى چۆلنىڭ كىرىش ئېغىزىغا قەدەر ئولتۇراقلاشتى؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ گىلېئاد يۇرتىدىكى چارۋا ماللىرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى. [10] سائۇلنىڭ سەلتەنىتىنىڭ كۈنلىرىدە ئۇلار ھاگارىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتى؛ ھاگارىيلار ئۇلارنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار گىلېئادنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى پۈتۈن زېمىندا ھاگارىيلارنىڭ چېدىرلىرىدا ماكانلاشتى.

## گادنىڭ ئەۋلادلىرى

[11] ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا گادنىڭ ئەۋلادلىرى تاكى سالكاھغا قەدەر باشان زېمىنىغا ماكانلاشقانىدى. [12] باشاندا ماكانلاشقانلاردىن قەبىلە باشلىقى يوئېل، مۇئاۋىن قەبىلە باشلىقى شافام بار ئىدى؛ يەنە ياناي بىلەن شافاتمۇ بار ئىدى.

[13] ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى جەمەتنامىلەر بويىچە مىكائىل، مەشۇللام، شېبا، يوراي، ياكان، زىيا ۋە ئېبەر بولۇپ، جەمئىي يەتتە ئىدى. [14] يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئابىھايىلنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. ئابىھايىل خۇرىنىڭ ئوغلى، خۇرى ياروياھنىڭ ئوغلى،

---

6:5 **«ئاسۇرىيە»** ــ ئاسۇرىيە ئىبرانىي تىلدا «ئاشۇر».

ياروياھ گىلېئادنىڭ ئوغلى، گىلېئاد مىكائىلنىڭ ئوغلى، مىكائىل يەششاينىڭ ئوغلى، يەششاي ياھدونىڭ ئوغلى، ياھدو بۇزنىڭ ئوغلى ئىدى؛ [15] گۇنىنىڭ نەۋرىسى، ئابدىئەلنىڭ ئوغلى ئاخى ئۇلارنىڭ جەمەت بېشى ئىدى. [16] ئۇلار گىلېئادقا، باشانغا ۋە باشانغا تەۋە يېزا-كەنتلەرگە، شۇنداقلا پۈتكۈل شارون يايلىقىغا، تاكى تۈت چېتىگىچە ماكانلاشقانىدى. [17] بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدا پادىشاھى يوتام ۋە ئىسرائىل پادىشاھى يەروبوئامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ كۈنلىرىدە نەسەبنامىلەرگە پۈتۈلگەنىدى.

[18] رۇبەن، گاد قەبىلىلىرىنىڭ ۋە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىنىڭ باتۇر، قالقان-قىلىچ تۇتالايدىغان، ئوقيا ئاتالايدىغان ھەم جەڭگە ماھىر قىرىق تۆت مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش جەڭگىۋار ئادىمى بار ئىدى. [19] ئۇلار ھاگارىيلار، يەتۇرلار، نافىشلار ۋە نودابلار بىلەن جەڭ قىلغان. [20] ئۇلار جەڭ قىلغاندا مەدەت تېپىپ، ھاگارىيلار ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان؛ چۈنكى ئۇلار جەڭ ئۈستىدە خۇداغا نىدا قىلغان؛ ئۇلار ئۇنىڭغا تايانغاچقا، خۇدا ئۇلارنىڭ تىلىگىنى ئىجابەت قىلغان.

[21] ئۇلار يەنە دۈشمەننىڭ چارۋا-ماللىرىنى، جۈملىدىن ئەللىك مىڭ تۆگە، ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ قوي، ئىككى مىڭ ئېشىكىنى ئولجا ئالغان ۋە يۈز مىڭ جاننى ئەسىر ئالغان. [22] بۇ ئۇرۇش خۇدانىڭ نىيىتىدىن بولغاچقا، دۈشمەندىن ئۆلگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولغان؛ سۈرگۈن قىلىنغۇچە ئۇلار شۇلارنىڭ يېرىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان.

## ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسى

[23] ماناسسەھنىڭ يېرىم قەبىلىسىدىكىلەر باشاندىن بائال-ھەرمون، سېنىر، ھەرمون تېغىغا قەدەر بولغان زېمىندا يېيىلىپ ماكانلاشتى. ئۇلار زور كۆپەيگەن. [24] ئۇلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى ئېفەر، ئىشى، ئەلىيەل، ئازرىئەل، يەرمىيا، خوداۋىيا ۋە ياھدىيەل ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى باتۇر جەڭچىلەر، مەشھۇر مۆتىۋەرلەر، شۇنداقلا

ھەرقايسىسى ئۆز جەمەتىگە جەمەت بېشى ئىدى. [25] ئۇلار ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ خۇداسىدىن يۈز ئۆرۈپ، بۇزۇقلۇق قىلىپ خۇدا ئەسلىدە
ئۆزلىرى ئالدىدا يوقاتقان شۇ يەردىكى تائىپىلەرنىڭ ئىلاھلىرىغا
ئەگىشىپ كەتتى. [26] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى ئاسسۇرىيە
پادىشاھى پۇل (يەنى ئاسسۇرىيە پادىشاھى تىلگات-پىلنەسەر)نىڭ
روھىنى قوزغىشى بىلەن، ئۇ ئۇلارنى، يەنى رۇبەن قەبىلىسىدىكىلەرنى،
گاد قەبىلىسىدىكىلەرنى ۋە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىدىكىلەرنى
خالاھ، خابور ۋە خاراغا ھەم گوزان دەرياسى بويىغا سۈرگۈن قىلىپ
ئېلىپ كەتتى؛ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تاكى بۈگۈنگە قەدەر تېخىچە شۇ
يەردە ماكانلىشىپ تۇرماقتا.

## لاۋىيلارنىڭ، جۈملىدىن باش كاھىنلارنىڭ نەسەبنامىسى

6 [1] لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى گەرشون، كوھات ۋە مەرارى. [2] كوھاتنىڭ
ئوغلى ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە ئۇززىئەل ئىدى. [3] ئامرامنىڭ
پەرزەنتلىرى ھارۇن، مۇسا ۋە مەريەم ئىدى. ھارۇننىڭ ئوغلى ناداب،
ئابىھۇ، ئەلئازار ۋە ئىتامار ئىدى.
[4] ئەلئازاردىن فىنىھاس، فىنىھاستىن ئابىشۇئا، [5] ئابىشۇئادىن
بۇككى، بۇككىدىن ئۇززى، [6] ئۇززىدىن زەراھىيا، زەراھىيادىن مېرايوت،
[7] مېرايوتتىن ئامارىيا، ئامارىيادىن ئاخىتۇب، [8] ئاخىتۇبتىن زادوك،
زادوكتىن ئاخىمائاز، [9] ئاخىمائازدىن ئازارىيا، ئازارىيادىن يوھانان،
[10] يوھانادىن ئازارىيا (بۇ ئازارىيا يېرۇسالېمدا سۇلايمان سالغۇزغان
مۇقەددەس ئۆيدە كاھىنلىق خىزمىتىدە بولغان)، [11] ئازارىيادىن

25:5 **«بۇزۇقلۇق قىلىش»** — ئىبرانىي تىلىدا «بۇزۇقلۇق قىلىش» «پاھىشىۋازلىق قىلىش» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. كۆچمە مەنىسى، خۇداغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ بۇتلارنىڭ كەينىدىن مېڭىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بۇتپەرەسلىككە مۇناسىۋەتلىك «بۇتقا ئاتالغان پاھىشىۋازلىق» دېگەن ھەرىكەتلەرمۇ بار ئىدى.

3:6 **«مەريەم»** — ئىبرانىي تىلىدا «مارىيام».

ئامارىيا، ئامارىيادىن ئاختۇب، [12] ئاختۇبتىن زادوك، زادوكتىن شاللۇم، [13] شاللۇمدىن ھىلقىيا، ھىلقىيادىن ئازارىيا، [14] ئازارىيادىن سېرايا، سېرايادىن يەھوزاداك تۆرەلدى؛ [15] پەرۋەردىگار نېبوقادنەسارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەھۇدادىكىلەر بىلەن يېرۇسالېمدىكىلەرنى سۈرگۈن قىلدۇرغان چاغدا، بۇ يەھوزاداكمۇ سۈرگۈن قىلىنغان.

## لاۋىينىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

[16] لاۋىينىڭ ئوغلى گەرشوم، كوھات ۋە مەرارى.
[17] گەرشومنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى لىبنى ۋە شىمەي ئىدى.
[18] كوھاتنىڭ ئوغۇللىرى ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە ئۇززىئەل ئىدى.
[19] مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى ماھلى ۋە مۇشى ئىدى. بۇلار لاۋىيلارغا مەنسۇپ ھەرقايسى جەمەتلەر ئىچىدىكى ئائىلىلەر ئىدى.
[20] گەرشومنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: گەرشومنىڭ ئوغلى لىبنى، لىبنىنىڭ ئوغلى جاھات، جاھاتنىڭ ئوغلى زىمماھ، [21] زىمماھنىڭ ئوغلى يوئاھ، يوئاھنىڭ ئوغلى ئىددو، ئىددونىڭ ئوغلى زەراھ، زەراھنىڭ ئوغلى يېياتىراي ئىدى.
[22] كوھاتنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: كوھاتنىڭ ئوغلى ئامىناداب، ئامىنادابنىڭ ئوغلى كوراھ، كوراھنىڭ ئوغلى ئاسسىر، [23] ئاسسىرنىڭ ئوغلى ئەلكاناھ، ئەلكاناھنىڭ ئوغلى ئېبىئاساف، ئېبىئاسافنىڭ ئوغلى ئاسسىر، [24] ئاسسىرنىڭ ئوغلى تاھات، تاھاتنىڭ ئوغلى ئۇرىئەل، ئۇرىئەلنىڭ ئوغلى ئۇززىيا، ئۇززىيانىڭ ئوغلى شائۇل ئىدى.
[25] ئەلكاناھنىڭ ئوغۇللىرى ئاماساي ۋە ئاخىموت، [26] ئاخىموتنىڭ ئوغلى ئەلكاناھ، ئەلكاناھنىڭ ئوغلى زوفاي، زوفاينىڭ ئوغلى ناھات، [27] ناھاتنىڭ ئوغلى ئېلىئاب، ئېلىئابنىڭ ئوغلى يەروھام،

---

16:6 **«گەرشوم»** — ياكى «گەرشون».
25:6 **«ئەلكاناھنىڭ ئوغۇللىرى ئاماساي ۋە ئاخىموت،...»** — تۆۋەندىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
26:6 **«ئەلكاناھنىڭ ئوغۇللىرى ئاماساي ۋە ئاخىموت، ئاخىموتنىڭ ئوغلى ئەلكاناھ، ئەلكاناھنىڭ ئوغلى...»** — (25-26ئايەتلەردە) ياكى «ئەلكاناھنىڭ ئوغۇللىرى — ئۇنىڭ (يەنى

يەروھامنىڭ ئوغلى ئەلكاناھ ئىدى.
[28]سامۇئىلنىڭ ئوغۇللىرى تۆۋەندىكىچە: تۇنجى ئوغلى يوئېل، ئىككىنچى ئوغلى ئابىيا ئىدى.
[29]مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: مەرارىنىڭ ئوغلى ماھلى، ماھلىنىڭ ئوغلى لىبنى، لىبنىنىڭ ئوغلى شىمەي، شىمەيىنىڭ ئوغلى ئۇززا، [30]ئۇززانىڭ ئوغلى شىمېيا، شىمېيانىڭ ئوغلى ھاگگىيا، ھاگگىيانىڭ ئوغلى ئاسايا ئىدى.

## داۋۇت نەغمە-ناۋا ئىشلىرىغا قويغان مەخسۇس ئادەملەر

[31]داۋۇت ئەھدە ساندۇقى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە نەغمىچىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تۆۋەندىكى كىشىلەرنى قويدى. [32]ئۇلار تاكى سۇلايمان يېرۇسالېمدا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ياساتقانغا قەدەر، «جامائەت چېدىرى»نىڭ ئالدىدا كۈي ئېيتىش خىزمىتىنى ئۆتەپ كەلدى. ئۇلار ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن تەرتىپى بىلەن ئۆتىگەندى. [33]تۆۋەندىكىلەر ۋەزىپە ئۆتىگەن ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى: — كوھاتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە: — نەغمىچى ھېمان بار ئىدى. ھېمان يوئېلنىڭ ئوغلى، يوئېل سامۇئىلنىڭ ئوغلى ئىدى. [34]سامۇئىل ئەلكاناھنىڭ ئوغلى، ئەلكاناھ يەروھامنىڭ ئوغلى، يەروھام ئەلىيەلنىڭ ئوغلى، ئەلىيەل توئاھنىڭ ئوغلى، [35]توئاھ زۇفنىڭ ئوغلى، زۇف ئەلكاناھنىڭ ئوغلى، ئەلكاناھ ماھاتنىڭ ئوغلى، ماھات ئاماسايىنىڭ ئوغلى، [36]ئاماساي ئەلكاناھنىڭ ئوغلى، ئەلكاناھ يوئېلنىڭ ئوغلى، يوئېل ئازارىيانىڭ ئوغلى، ئازارىيا

---

ئاخىموتنىڭ) ئوغلى ئەلكاناھ، ئەلكاناھنىڭ ئوغلى...». كونا كۆچۈرمىلەردە نەچچە ۋارىيانت بار.
27:6 **«يەروھامنىڭ ئوغلى ئەلكاناھ ئىدى...»** — گرېك تىلىدىكى تەرجىمىسى (LXX)دە: «ئەلكاناھنىڭ ئوغلى سامۇئىل» دېگەن سۆزلەر مۇشۇ يەردە قوشۇلىدۇ. دەرۋەقە، ئەلكاناھنىڭ ئوغلى سامۇئىل ئىدى («1سام.» 1:1-20نى كۆرۈڭ.
31:6 **«ئەھدە ساندۇقى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغان...»** — ئىبرانىي تىلدا «ئەھدە ساندۇقى ئاراملىقتا قويۇلغان...» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
32:6 **«جامائەت چېدىرى»** — ياكى «ئىبادەت ماكان-چېدىرى». «1پاد.» 4:8نى كۆرۈڭ.

زەفانىيانىڭ ئوغلى، [37] زەفانىيا تاھاتنىڭ ئوغلى، تاھات ئاسسىرنىڭ ئوغلى، ئاسسىر ئېبىئاسافنىڭ ئوغلى، ئېبىئاساف كوراھنىڭ ئوغلى، [38] كوراھ ئىزھارنىڭ ئوغلى، يىزھار كوھاتنىڭ ئوغلى، كوھات لاۋىينىڭ ئوغلى، لاۋىي ئىسرائىلنىڭ ئوغلى ئىدى. [39] ھېمانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خىزمەتتە تۇرغان قېرىندىشى ئاساف ئىدى. ئاساف بولسا بەرەكىيانىڭ ئوغلى، بەرەكىيا شىمىيانىڭ ئوغلى، [40] شىمىيا مىكائىلنىڭ ئوغلى، مىكائىل بائاسىيانىڭ ئوغلى، بائاسىيا مالكىيانىڭ ئوغلى، [41] مالكىيا ئېتنىنىڭ ئوغلى، ئېتنى زەراھنىڭ ئوغلى، زەراھ ئادايانىڭ ئوغلى، [42] ئادايا ئېتاننىڭ ئوغلى، ئېتان زىمماھنىڭ ئوغلى، زىمماھ شىمەيىنىڭ ئوغلى، [43] شىمەي جاھاتنىڭ ئوغلى، جاھات گەرشومنىڭ ئوغلى، گەرشوم لاۋىينىڭ ئوغلى ئىدى.

[44] ھېمان بىلەن ئاسافنىڭ سول تەرىپىدە خىزمەتتە تۇرغان قېرىنداشلىرى مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئېتانلار ئىدى. ئېتان بولسا كىشىنىڭ ئوغلى ئىدى، كىشى ئابدىنىڭ ئوغلى، ئابدى ماللۇقنىڭ ئوغلى، [45] ماللۇق ھاشابىيانىڭ ئوغلى، ھاشابىيا ئامازىيانىڭ ئوغلى، ئامازىيا ھىلقىيانىڭ ئوغلى، [46] ھىلقىيا ئامزىنىڭ ئوغلى، ئامزى بانىنىڭ ئوغلى، بانى شېمەرنىڭ ئوغلى، [47] شېمەر ماھلىنىڭ ئوغلى، ماھلى مۇشىنىڭ ئوغلى، مۇشى مەرارىنىڭ ئوغلى، مەرارى لاۋىينىڭ ئوغلى ئىدى.

## ھارۇن ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى

[48] ئۇلارنىڭ قالغان لاۋىي قېرىنداشلىرى بولسا ھەممىسى خۇدانىڭ ئۆيى، يەنى ئىبادەت چېدىرىدىكى باشقا خىزمەتلەرنى بېجىرىشكە ئاتالغانىدى.

[49] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا خۇدانىڭ خىزمەتكارى مۇسانىڭ تاپىلىغىنىدەك كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇلىدىغان

40:6 **«بائاسىيا»** ــ ياكى «مائاسىياھ».

قۇربانگاھتا قۇربانلىقلار سۇنۇپ، خۇشبۇيگاھتا خۇشبۇي يېقىپ، مۇقەددەسگاھدىكى بارلىق خىزمەتلەرنى ئادا قىلاتتى، شۇنداقلا ئىسرائىللار ئۈچۈن كەچۈرۈم-كەفارەت ئىشلىرىنى قىلاتتى.

[50] ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازار، ئەلئازارنىڭ ئوغلى فىنىھاس، فىنىھاسنىڭ ئوغلى ئابىشۇيا، [51] ئابىشۇيانىڭ ئوغلى بۇككى، بۇككىنىڭ ئوغلى ئۇززى، ئۇززىنىڭ ئوغلى زەراھىيا، [52] زەراھىيانىڭ ئوغلى مېرايوت، مېرايوتنىڭ ئوغلى ئامارىيا، ئامارىيانىڭ ئوغلى ئاختۇب، [53] ئاختۇبنىڭ ئوغلى زادوك، زادوكنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز ئىدى.

## ھارۇن ئەۋلادلىرىنىڭ شەھەرلىرى

[54] تۆۋەندىكىلەر ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز زېمىنى ئىچىدە ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان يەرلىرى: ــ كوھات جەمەتىنىڭ يەرلىرى بولسا (مۇشۇ يەرلەر چەك تاشلاش ئارقىلىق ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان): ــ
[55] يەھۇدا زېمىنىدىكى ھېبرون ۋە ھېبروننىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلىرى ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان [56] (لېكىن بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلۇقلار ۋە شەھەرگە قاراشلىق يېزا-كەنتلەر بولسا يەفۇننەھنىڭ ئوغلى كالەبكە بېرىلدى). [57] ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا «پاناھلىق شەھىرى» ھېبرون بېرىلدى؛ بۇنىڭدىن باشقا لىبناھ بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، ياتتىر، ئېشتېموئا ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، [58] ھىلەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، دەبىر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، [59] ئاشان ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، بەيت-شەمەش

---

49:6 **«مۇقەددەسگاھ»** ــ ياكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي». **«كەفارەت»** ــ «گۇناھلارنى يېپىش» دېگەن گەپ.

54:6 **«چەك تاشلانغاندا»** ــ يەشۇئا پەيغەمبەر بولغان ۋاقىتدا، ئىسرائىلنىڭ ھەربىر قەبىلىسى ئىگىلەيدىغان يەرلەر چەك تاشلاش ئارقىلىق بېكىتىلگەنىدى «يەشۇئا» 21-بابنى كۆرۈڭ.

57:6 **«پاناھلىق شەھىرى»** ــ «چۆل.» 35:6-34نى ۋە شۇ ئايەتلەردىكى ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

58:6 **«ھىلەن»** ــ ياكى «ھىلەز» ياكى «ھولون» («يە.» 15:21).

ۋە ئۈنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلارمۇ تەقسىم قىلىنغان؛ [60] يەنە بىنيامىن قەبىلىسىدىكى زېمىندىن گېبا ۋە ئۈنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، ئالاھمەت ۋە ئۈنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، ئاناتوت ۋە ئۈنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار بۆلۈپ بېرىلگەن. ئۇلار جەمەتلىرى بويىچە ئېرىشكەن شەھەر جەمئىي ئون ئۈچ بولدى.

[61] كوھاتنىڭ باشقا ئەۋلادلىرىغا بولسا تاشلانغان چەككە چىققىنى بويىچە، ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ئون شەھەر بۆلۈپ بېرىلدى.

[62] گەرشومنىڭ ئەۋلادلىرىغا، جەمەتىگە قاراپ، ئىسساكار قەبىلىسى، ئاشىر قەبىلىسى، نافتالى قەبىلىسى ۋە باشان يۇرتىدىكى ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ئون ئۈچ شەھەر بۆلۈپ بېرىلدى.

[63] مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىغا، جەمەتىگە قاراپ، تاشلانغان چەككە چىققىنى بويىچە، رۇبەن قەبىلىسى، گاد قەبىلىسى ۋە زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن ئون ئىككى شەھەر بۆلۈپ بېرىلدى.

[64] ئىسرائىللار شۇنداق قىلىپ بۇ شەھەرلەرنى ۋە ئۇلارغا تەۋە ئېتىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنى لاۋىيلارغا بۆلۈپ بەردى. [65] ئۇلار تاشلانغان چەككە چىققىنى بويىچە، يەنە يۇقىرىدا نامى ئاتالغان شەھەرلەرنى يەھۇدا قەبىلىسىدىن، شىمېئون قەبىلىسىدىن ۋە بىنيامىن قەبىلىسىدىن ئېلىپ ئۇلارغا بەردى.

[66] كوھاتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان بەزى جەمەتلەرگە ئەفرائىم قەبىلىسىنىڭ زېمىنى تەۋەسىدىكى شەھەرلەردىن بۆلۈپ بېرىلگەنلىرىمۇ بولدى. [67] ئىسرائىللار ئۇلارغا يەنە ئىككى «پاناھلىق شەھىرى»، يەنى ئەفرائىم تاغلىقىغا جايلاشقان شەكەم ۋە ئۈنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلارنى ۋە گەزەر ۋە ئۈنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلارنى بەردى؛ [68] يەنە يوكمىيام ۋە ئۈنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلارنى، بەيت-ھورون ۋە ئۈنىڭغا

61:6 **«ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ئون شەھەر بۆلۈپ بېرىلدى»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن، ئەفرائىم قەبىلىسى (زېمىنى)دىن ۋە دان قەبىلىسى (زېمىنى)دىنمۇ ئون شەھەر بۆلۈپ بېرىلدى» دېيىلىدۇ. -66ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

تەۋە ئېتىزلىقلارنى، [69]ئايجالون ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلارنى، گات-رىممون ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلارنى ئۇلارغا بەردى. [70]ئىسرائىللار يەنە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىدىن ئانېر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلارنى، بىلېئام ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلارنى كوھاتنىڭ قالغان جەمەتلىرىگە بەردى.

[71]گەرشومنىڭ ئەۋلادلىرىغا ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىدىكى جەمەتلەرنىڭ زېمىنىدىن باشاندىكى گولان ۋە گولانغا تەۋە ئېتىزلىقلار، ئاشتاروت ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار بېرىلدى؛ [72]ئىسساكار قەبىلىسىدىن كەدەش ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، دابىرات ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، [73]راموت ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، ئانەم ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار بېرىلدى؛ [74]ئاشىر قەبىلىسىدىن ئۇلارغا ماشال ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، ئابدون ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، [75]خۇكوك ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، رەھوب ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار بېرىلدى؛ [76]نافتالى قەبىلىسىدىن گالىلىيەدىكى كەدەش ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، هاممون ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، كىرىئاتايىم ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلارمۇ بېرىلدى.

[77]مەرارىنىڭ قالغان ئەۋلادلىرىغا بولسا زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن رىممونو ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، تابور ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار بېرىلدى؛ [78]يەنە رۇبەن قەبىلىسىنىڭكىدىن، ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن، يېرىخونىڭ شەرقىي ئۇدۇلىدىكى، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ كۈنچىقىش بويىدىكى يەرلەردىن چۆلدىكى بەزەر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، ياھزاھ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، [79]كەدەموت ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، مېفائات ۋە ئۇنىڭغا

---

72:6 **«دابىرات»** — ياكى «دوبرات».

77:6 **«مەرارىنىڭ قالغان ئەۋلادلىرىغا بولسا زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن رىممونو...»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە (مەسىلەن، تەۋراتنىڭ گرېك تىلىدىكى تەرجىمىسى LXXدە) مۇشۇ يەردە «مەرارىنىڭ قالغان ئەۋلادلىرىغا بولسا زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن يوكنېئام ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئوتلاقلار، كارتاھ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار ۋە رىممونو.... » دېيىلىدۇ.

تەۋە ئېتىزلىقلار بېرىلدى؛ [80]گاد قەبىلىسىدىنمۇ بولسا ئۇلارغا گىلېئادتىكى راموت ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، ماھانائىم ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، [81]ھەشبون ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار، يائازەر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئېتىزلىقلار بېرىلدى.

## ئىسساكارنىڭ ئەۋلادلىرى

7 [1]ئىسساكارنىڭ ئوغۇللىرى: — تولا، پۇئاھ، ياشۇب ۋە شىمرون دېگەن تۆتەيلەن ئىدى. [2]تولانىڭ ئوغۇللىرى: — ئۇززى، رېفايا، يېرىيەل، ياھماي، يىبسام ۋە شامۇئىلدىن ئىبارەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمەت بېشى ئىدى. داۋۇتنىڭ زامانىدا تولانىڭ ئادەم سانى نەسەبنامىلەردە يىگىرمە ئىككى مىڭ ئالتە يۈز باتۇر جەڭچى دەپ خاتىرىلەنگەن.

[3]ئۇززىنىڭ ئوغلى ئىزراخىيا ئىدى، ئىزراخىيانىڭ ئوغۇللىرى مىكائىل، ئوبادىيا، يوئېل ۋە ئىشىيا ئىدى. بۇ بەشەيلەننىڭ ھەممىسى جەمەت بېشى ئىدى. [4]نەسەبنامىلەر بويىچە ئۇلار بىلەن بىللە ھېسابلانغانلاردىن جەڭگىۋار ئوتتۇز ئالتە مىڭ ئادەم بار ئىدى؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى.

[5]بۇلارنىڭ ئىسساكارنىڭ بارلىق جەمەتلىرى ئىچىدىكى باتۇر جەڭچى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، نەسەب بويىچە تىزىمغا ئېلىنغان جەمئىي سەكسەن يەتتە مىڭ ئادىمى بار ئىدى.

## بىنيامىننىڭ ئەۋلادلىرى

[6]بىنيامىننىڭ بېلا، بەكەر ۋە يەدىيايەل دېگەن ئۈچ ئوغلى بار ئىدى.

[7]بېلانىڭ ئېزبون، ئۇززى، ئۇززىئەل، يەرىموت ۋە ئىرى دېگەن بەش ئوغلى بولۇپ، ھەممىسى جەمەت بېشى ئىدى؛ ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرىگە تىزىمغا ئېلىنغان جەمئىي يىگىرمە ئىككى مىڭ ئوتتۇز تۆت باتۇر جەڭچى بار ئىدى.

[8]بەكەرنىڭ ئوغۇللىرى زېمىراھ، يوئاش، ئەلىئېزەر، ئەليوئىناي، ئومرى،

يەرەموت، ئابىيا، ئاناتوت ۋە ئالامەت ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەكەرنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، [9] جەمەت باشلىرى ئىدى؛ ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرىگە تىزىمغا ئېلىنغان جەمئىي يىگىرمە مىڭ ئىككى يۈز باتۇر جەڭچى بار ئىدى.
[10] يەدىيايەلنىڭ ئوغلى بىلھان ئىدى؛ بىلھاننىڭ ئوغۇللىرى يەئۇش، بىنيامىن، ئەخۇد، كەنائاناھ، زىتان، تارشىش ۋە ئاخىشاھار ئىدى؛ [11] بۇلارنىڭ ھەممىسى يەدىيايەلنىڭ ئەۋلادلىرى، جەمەت باشلىرى ۋە باتۇر جەڭچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرىگە تىزىملانغانلارنىڭ جەڭگە چىقالايدىغانلىرى جەمئىي ئون يەتتە مىڭ ئىككى يۈز ئىدى.
[12] شۇپپىيلار ۋە خۇپپىيلار بولسا يەنە ئىرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى؛ ھۇشىيلار ئاخەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

## نافتالىنىڭ ئەۋلادلىرى

[13] نافتالىنىڭ ئوغۇللىرى: ياھزىئەل، گۇنى، يەزەر، شاللۇم؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلھاھنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

## ماناسسەھنىڭ ئەۋلادلىرى

[14] ماناسسەھنىڭ ئوغۇللىرى: ــ ئۇنىڭ سۇرىيەلىك توقىلىدىن ئاسرىئەل تۇرۇلگەن؛ ئۇنىڭدىن يەنە گىلېئادنىڭ ئاتىسى ماكىر تۇغۇلغان. [15] ماكىر شۇپپىيلار ۋە خۇپپىيلار ئارىسىدىنمۇ ئايال ئالغان (ماكىرنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئىسمى مائاكاھ ئىدى). ماكىرنىڭ يەنە بىر ئەۋلادىنىڭ ئىسمى زەلوفىھاد ئىدى، زەلوفىھادنىڭ پەقەت بىرنەچچە قىزىلا بولغان.
[16] ماكىرنىڭ ئايالى مائاكاھ ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭغا پەرەش دەپ ئات

---

12:7 **«ئاخەر»** ــ ياكى «ئاخىرام» («چۆل.» 38:26نى كۆرۈڭ).
15:7 **«ماكىرنىڭ سىڭلىسى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ سىڭلىسى». **«ماكىرنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادىنىڭ ئىسمى...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى..» دېيىلىدۇ. پەرىزىمىزچە «ئىككىنچىسى» مۇشۇ يەردە «(ئۇنىڭ) يەنە بىر ئەۋلادى» دېگەن مەنىدە

قويغان؛ پەرەشنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى شەرەش ئىدى؛ شەرەشنىڭ ئوغلى ئۇلام ۋە راكەم ئىدى. [17] ئۇلامنىڭ ئوغلى بېدان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گىلېئادنىڭ ئەۋلادلىرى؛ گىلېئاد ماكىرنىڭ ئوغلى، ماكىر ماناسسەھنىڭ ئوغلى ئىدى.

[18] گىلېئادنىڭ سىڭلىسى ھامولەكەتتىن ئىشھود، ئابىئېزەر ۋە ماھالاھ تۇغۇلغان. [19] شېمىدانىڭ ئوغۇللىرى ئاخىيان، شەكەم، لىكخى ۋە ئانىئام ئىدى.

## ئەفرائىمنىڭ ئەۋلادلىرى

[20] ئەفرائىمنىڭ ئەۋلادلىرى: ئۇنىڭ ئوغلى شۇتىلاھ، شۇتىلاھنىڭ ئوغلى بەرەد، بەرەدنىڭ ئوغلى تاھات، تاھاتنىڭ ئوغلى ئېلىئاداھ، ئېلىئاداھنىڭ ئوغلى تاھات، [21] تاھاتنىڭ ئوغلى زاباد، زابادنىڭ ئوغلى شۇتىلاھ ئىدى (ئېزەر بىلەن ئېلىئاد گاتلىقلارنىڭ چارۋا ماللىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغىلى چۈشكەندە، شۇ يەرلىك گاتلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. [22] ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئەفرائىم بۇ باللىرى ئۈچۈن خېلى كۈنلەرگىچە ماتەم تۇتقاچقا، ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگىلى كەلگەن. [23] ئەفرائىم ئايالى بىلەن بىللە قايتا بىر ياستۇققا باش قويغان. ئايالى ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغقان؛ ئەفرائىم ئۇنىڭغا ئائىلەم بالا-قازاغا يولۇقتى دەپ، بېرىياھ دەپ ئىسىم قويغان. [24] ئۇنىڭ قىزى ئۈستۈن بەيت-ھورون بىلەن تۆۋەن بەيت-ھورونىنى ۋە ئۇززەن-شەئەراھنى بىنا قىلغان).

[25] بېرىياھنىڭ ئوغلى رىفاھ بىلەن رەشەف ئىدى؛ رەشەفنىڭ ئوغلى تېلاھ، تېلاھنىڭ ئوغلى تاھان، [26] تاھاننىڭ ئوغلى لادان، لادانىنىڭ

---

18:7 **«گىلېئادنىڭ سىڭلىسى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭ سىڭلىسى».

23:7 **«بېرىياھ»** ــ بېرىياھنىڭ مەنىسى «بالا-قازا» بىلەن باغلىق.

25:7 **«بېرىياھنىڭ ئوغلى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭ ئوغلى». بەزى ئالىملار «ئۇنىڭ» دېگەننى يۇقىرىدىكى شۇتىلاھنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. **«بېرىياھنىڭ ئوغلى رىفاھ بىلەن**

ئوغلى ئامىھۇد، ئامىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما، [27] ئەلىشامانىڭ ئوغلى نۇن، نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ئىدى.

## ئەفرائىملارنىڭ شەھەرلىرى

[28] ئەفرائىملارنىڭ زېمىنى ۋە ماكانلاشقان يەرلىرى بەيت-ئەل ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەر بولۇپ، كۈنچىقىش تەرىپىدە نارائان، كۈنپېتىش تەرىپىدە گەزەر بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەر؛ شەكەم ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەر، تاكى گازا ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەرگىچە سوزۇلاتتى. [29] ماناسسەھ قەبىلىسىنىڭ زېمىنىغا تۇتاشقان يەنە بەيت-شېئان ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەر؛ تائاناق ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەر؛ مەگىددو ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەر؛ دور ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەرمۇ بار ئىدى. ئىسرائىلنىڭ ئوغلى يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى مانا مۇشۇ يەرلەرگە ماكانلاشقانىدى.

## ئاشىرنىڭ ئەۋلادلىرى

[30] ئاشىرنىڭ ئوغۇللىرى: — يىمناھ، يىشۋاھ، يىشۋى ۋە بېرىياھ؛ ئۇلارنىڭ سېراھ دېگەن سىڭلىسىمۇ بار ئىدى. [31] بېرىياھنىڭ ئوغلى خەبەر بىلەن مالكىئەل بولۇپ، مالكىئەل بىرزاۋىتنىڭ ئاتىسى ئىدى. [32] خېبەردىن يافلەت، شومەر، خوتام ۋە ئۇلارنىڭ سىڭلىسى شۇيا تۆرەلگەن.

[33] يافلەتنىڭ ئوغۇللىرى پاساق، بىمھال ۋە ئاشۋات؛ بۇلار يافلەتنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [34] شەمەرنىڭ ئوغۇللىرى ئاخى، روھگاھ، خۇبباھ ۋە ئارام ئىدى. [35] شەمەرنىڭ ئىنىسى ھەلەمنىڭ ئوغلى زوفاھ،

---

**رەشەف ئىدى...»** — ياكى «بېرىياھنىڭ ئوغلى رېفاھ ئىدى، رېفاھنىڭ ئوغلى رەشەف ئىدى...»

27:7 **«يەشۇئا»** — بۇ «يەشۇئا» يەشۇئا پەيغەمبەردۇر (مۇشۇ يەردە «يەھوشۇئا» دېيىلدۇ).

34:7 **«شەمەر»** — بۇ شەمەر شۈبھىسىزكى 32-ئايەتتىكى «شومەر»نىڭ ۋارىيانتى.

**«شەمەرنىڭ ئوغۇللىرى ئاخى، روھگاھ...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ ئىنىسى شەمەرنىڭ ئوغۇللىرى روھگاھ،...».

يىمنا، شەلەش ۋە ئامال ئىدى؛ [36] زوفاھنىڭ ئوغلى سۇئاھ، ھارنەفەر، شۇئال، بىرى، ئىمراھ، [37] بىزەر، خود، شامما، شىلشاھ، ئىتران ۋە بەئەراھ ئىدى. [38] يەتەرنىڭ ئوغۇللىرى يەفۇننەھ، پىسپاھ ۋە ئارا ئىدى. [39] ئۇللانىڭ ئوغۇللىرى ئاراھ، خاننىئەل ۋە رىزىيا ئىدى. [40] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشىرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ھەر قايسىسى جەمەت باشلىرى، ئالامەت باتۇر جەڭچىلەر، يولباشچىلار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى بويىچە نەسەبنامىگە تىزىملانغاندا، جەڭگە چىقالايدىغانلىرى جەمئىي يىگىرمە ئالتە مىڭ ئىدى.

## بىنيامىننىڭ ئەۋلادلىرى ـ داۋامى

8 [1] بىنيامىننىڭ تۇنجى ئوغلى بىلا، ئىككىنچى ئوغلى ئاشبەل، ئۈچىنچى ئوغلى ئاخاراھ، [2] تۆتىنچى ئوغلى نوخاھ، بەشىنچى ئوغلى رافا ئىدى. [3] بىلانىڭ ئوغۇللىرى ئاددار، گېرا، ئابىھۇد، [4] ئابىشۇئا، نائامان، ئاخوئاھ، [5] گېرا، شىفۇفان ۋە ھۇرام ئىدى.

[6-7] تۆۋەندىكىلەر ئەخۇدنىڭ ئەۋلادلىرى: ـ

نائامان، ئاخىياھ ۋە گېرا (ئەسلىدە ئۇلار گېبالىقلارنىڭ جەمەت بېشى ئىدى. گېبالىقلار ماناھاتقا كۆچۈرۈۋېتىلگەنىدى. بۇلارنى كۆچۈرۈۋەتكۈچى بولسا گېرا ئىدى؛ ئۇنىڭدىن ئۇززا بىلەن ئاخىھۇد تۆرەلگەن).

[8] شاھارائىم ھۇشىم بىلەن بائارا دېگەن ئىككى ئايالىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن موئاب دىيارىدا ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. [9] ئۇنىڭ خودەش دېگەن

---

37:7 **«ئىتران»** ــ بەلكىم «يەتەر»نىڭ باشقا بىر شەكلى بولۇشى مۇمكىن (38-ئايەتنى كۆرۈڭ).

1:8 **«بىنيامىننىڭ تۇنجى ئوغلى بىلا، ئىككىنچى ئوغلى ئاشبەل، ئۈچىنچى ئوغلى ئاخاراھ...»** ــ مۇشۇ بابتا بىنيامىننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسى كۆپ يەرلەردە پەقەت بەزى يىزا-كەنتلەر بىلەن باغلانغان ھالدا كۆرۈنىدۇ. سەۋەبى، بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەر ئېغىر گۇناھ سادىر قىلىپ خۇدانىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئىسرائىل ئىچىگە تارىلىپ كەتكەنىدى.

ئايالىدىن يوباب، زىبىيا، مېشا، مالكام، [10]يەئۇز، شاقىيا، مىرماھ دېگەن ئوغۇللار تۆرەلگەن؛ ئۇنىڭ بۇ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى جەمەت بېشى بولغانىدى. [11]ھۇشىمدىنمۇ ئۇنىڭغا ئابىتۇب، ئەلپائال دېگەن ئوغۇللار تۆرەلگەن.

[12]ئەلپائالنىڭ ئوغۇللىرى ئېبەر، مىشام ۋە شېمەد (شېمەد ئونو بىلەن لود دېگەن ئىككى شەھەرنى ۋە ئۇلارغا تەۋە يېزا-كەنتلەرنى بىنا قىلغان)، [13]بېرىياھ ۋە شېما ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئايجالوندىكىلەر ئىچىدە جەمەت باشلىرى بولۇپ، گات ئاھالىسىنى قوغلىۋەتكەنىدى.

[14]ئاخىيو، شاشاق، يەرەموت، [15]زەبادىيا، ئاراد، ئېدەر، [16]مىكائىل، ئىشپاھ ۋە يوخا بولسا بېرىياھنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

[17]زەبادىيا، مەشۇللام، ھىزكى، خېبەر، [18]ئىشمېراي، يېزلىيا ۋە يوبابلارنىڭ ھەممىسى ئەلپائالنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

[19]ياكىم، زىكرى، زابدى، [20]ئەلىيەناي، زىلتاي، ئەلىيەل، [21]ئادايا، بېرايا ۋە شىمراتلار شىمەيىنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

[22]ئىشپان، ئېبەر، ئەلىيەل، [23]ئابدون، زىكرى، ھانان، [24]ھانانىيا، ئېلام، ئانتوتىيا، [25]ئېفدېئاھ ۋە پەنۇئەللەر شاشاقنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

[26]شامشىراي، شېخارىيا، ئاتالىيا، [27]يائارېشىيا، ئەلىيا ۋە زىكرىلار يەروھامنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

[28]يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى نەسەبنامىلەردە خاتىرىلەنگەن جەمەت بېشى ئىدى؛ بۇلار ھەممىسى مۆتىۋەرلەر بولۇپ، يېرۇسالېمغا ماكانلاشقانىدى.

[29]گىبېئوننىڭ ئاتىسى جەئىيەل گىبېئونغا ماكانلاشقانىدى؛ ئۇنىڭ

---

10:8 **«شاقىيا»** ــ ياكى «شوبىيا».

12:8 **«شېمەد»** ــ ياكى «شېمەر».

22:8 **«ئىشپان»** ــ ياكى «ئىشپاھ».

ئايالىنىڭ ئىسمى مائاكاھ ئىدى. [30] ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئابدون، قالغان ئوغۇللىرى زۇر، كىش، بائال، ناداب، [31] گېدور، ئاخىيو، زېكەر ۋە مىكلوت ئىدى؛ [32] مىكلوتتىن شىمېيا تۆرەلگەن. بۇلارمۇ قېرىنداشلىرى بىلەن يېرۇسالېمدا قوشنا ئولتۇرۇشاتتى.

[33] نەردىن كىش تۆرەلگەن؛ كىشتىن سائۇل تۆرەلگەن؛ سائۇلدىن يوناتان، مالكىشۇئا، ئابىناداب ۋە ئېش-بائال تۆرەلگەن. [34] مېرىب-بائال يوناتاننىڭ ئوغلى ئىدى؛ مىكاھ مېرىب-بائالدىن تۆرەلگەن. [35] مىكاھنىڭ ئوغۇللىرى پىتون، مەلەك، تارىيا ۋە ئاھاز ئىدى. [36] ئاھازدىن يەھوئاداھ تۆرەلگەن؛ يەھوئاداھدىن ئالەمەت، ئازماۋەت ۋە زىمرى تۆرەلگەن؛ زىمرىدىن موزا تۆرەلگەن؛ [37] موزادىن بىنېئا تۆرەلگەن؛ بىنېئانىڭ ئوغلى رافا، رافانىڭ ئوغلى ئېلىئاساھ، ئېلىئاساھنىڭ ئوغلى ئازەل ئىدى. [38] ئازەلنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىسمى ئازرىكام، بوكېرۇ، ئىشمائىل، شېئارىيا، ئوبادىيا ۋە ھانان ئىدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازەلنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [39] ئازەلنىڭ ئىنىسى ئېشەكنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئۇلام، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى يېئۇش، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئەلىفەلەت ئىدى. [40] ئۇلامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى باتۇر جەڭچى، ئوقياچى ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، جەمئىي بىر يۈز ئەللىك ئىدى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىنيامىن ئەۋلادلىرىدىن ئىدى.

## 9

[1] پۈتكۈل ئىسرائىللار نەسەب بويىچە تىزىمغا ئېلىنغانىدى. مانا، ئۇلار «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابقا پۈتۈلگەندۇر.

---

29:8 **«جەئىيەل»** ــ تەۋراتنىڭ گرېك تىلىدىكى تەرجىمىسى (LXX)دە «جىيەل» تېپىلىدۇ.

31:8 **«مىكلوت»** ــ «مىكلوت» تەۋراتنىڭ گرېك تىلىدىكى تەرجىمىسى (LXX)دىكى بەزى كۆچۈرمىلەردە تېپىلىدۇ. 32-ئايەتنى كۆرۈڭ.

## بابىلغا سۈرگۈن بولۇشتىن قايتىپ يېرۇسالېمغا ماكانلاشقان ئىسرائىللار

[2] يەھۇدالار بولسا ئاسىيلىق قىلغانلىقىدىن بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان.

ھەممىدىن ئاۋۋال قايتىپ كېلىپ ئۆز زېمىنى ۋە ئۆز شەھەرلىرىگە ماكانلاشقانلار بولسا بىر قىسىم ئىسرائىللار، كاھىنلار، لاۋىيلار ۋە ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ئىدى. [3] يېرۇسالېمغا ماكانلاشقانلار بولسا يەھۇدا قەبىلىسى، بىنيامىن قەبىلىسى، ئەفرائىم قەبىلىسى ۋە ماناسسەھ قەبىلىسىدىن بىر قىسىملىرى ئىدى. [4] ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدانىڭ ئوغلى پەرەزنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۇتاي بار ئىدى؛ ئۇتاي ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى، ئاممىھۇد ئومرىنىڭ ئوغلى، ئومرى ئىمرىنىڭ ئوغلى، ئىمرى بانىنىڭ ئوغلى ئىدى. [5] شىلوھنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئاسايا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بار ئىدى. [6] زەراھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يەئۇئېل ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولۇپ جەمئىي ئالتە يۈز توقسان ئادەم بار ئىدى.

[7] بىنيامىنىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە ھاسسىنۇئاھنىڭ ئەۋرىسى، ھوداۋىيانىڭ نەۋرىسى، مەشۇللامنىڭ ئوغلى ساللۇ بار ئىدى؛ [8] يەنە يەروھامنىڭ ئوغلى يىبنىيا، مىكرىنىڭ نەۋرىسى، ئۇززىنىڭ ئوغلى ئېلاھ ۋە ئىبنىيانىڭ ئەۋرىسى، رېئۇئەلنىڭ نەۋرىسى، شەفاتىيانىڭ ئوغلى مەشۇللام [9] ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بار ئىدى؛ ئۇلار نەسەبنامىسى بويىچە تىزىملانغاندا جەمئىي توققۇز يۈز ئەللىك ئالتە ئادەم ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار ئۆز جەمەتىگە جەمەت بېشى ئىدى.

---

2:9 **«ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نەتىنىيلار». مەنىسى بەلكىم «بېغىشلانغانلار». ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بەلكىم «گىبېئونلۇقلار» ئىدى. «يەشۇئا» 27:9نى كۆرۈڭ.

## يېرۇسالېمدا تۇرۇشلۇق كاھىنلار

[10]كاھىنلار ئىچىدە يەدايا، يەھويارىب، ياقىن ۋە [11]ئازارىيا بار ئىدى. ئازارىيا خۇدانىڭ ئۆيىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، ھىلقىيانىڭ ئوغلى، ھىلقىيا مەشۇللامنىڭ ئوغلى، مەشۇللام زادوكنىڭ ئوغلى، زادوك مېرايوتنىڭ ئوغلى، مېرايوت ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى ئىدى. [12]يەنە مالكىيانىڭ ئەۋرىسى، پاشخۇرنىڭ نەۋرىسى، يەروھامنىڭ ئوغلى ئادايا ھەمدە ئادىيەلنىڭ ئوغلى مائاساي بار ئىدى؛ ئادىيەل ياھزەراھنىڭ ئوغلى، ياھزەراھ مەشۇللامنىڭ ئوغلى، مەشۇللام مەشىللېمىتنىڭ ئوغلى، مەشىللېمىت ئىممەرنىڭ ئوغلى ئىدى. [13]ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ھەممىسى جەمەت باشلىرى بولۇپ، جەمئىي بىر مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش ئادەم ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتلەرنى قىلىشقا بىكىتىلگەن ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئىدى.

## يېرۇسالېمدا تۇرۇشلۇق لاۋىيلار

[14]لاۋىي قەبىلىسىدىن مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە ھاشابىيانىڭ ئەۋرىسى، ئازرىكامنىڭ نەۋرىسى، ھاششۇبنىڭ ئوغلى شېمايا بار ئىدى؛ [15]يەنە باقباققار، ھەرەش، گالال ۋە ئاسافنىڭ ئەۋرىسى، زىكرىنىڭ نەۋرىسى، مىكانىڭ ئوغلى ماتتانىيا؛ [16]يەنە يەدۇتۇننىڭ ئەۋرىسى، گالالنىڭ نەۋرىسى، شېمايانىڭ ئوغلى ئوبادىيا ھەمدە ئەلكاناھنىڭ نەۋرىسى، ئاسانىڭ ئوغلى بەرەكىيا بار ئىدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى نىتوفاتلىقلارنىڭ يېزا-كەنتلىرىگە ماكانلاشقانىدى.

## لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىلىرى

[17]دەرۋازىۋەنلەر شاللۇم، ئاققۇب، تالمون، ئاخىمان ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئىدى؛ شاللۇم ئۇلارنىڭ بېشى ئىدى. [18]ئۇلار تاكى ھازىرغىچە شەرق تەرەپتىكى «پادىشاھنىڭ دەرۋازىسى»دا دەرۋازىۋەنلىك قىلىپ كەلمەكتە؛ ئۇلار ئىلگىرى لاۋىيلارنىڭ چېدىرگاھىدا دەرۋازىۋەنلىك قىلغانىدى.

[19] كورەنىڭ ئەۋرىسى، ئېبىئاسافنىڭ نەۋرىسى، كوراھنىڭ ئوغلى شاللۇم ھەمدە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ جەمەتىدىكى قېرىنداشلىرى بولغان كوراھىيلار خۇدانىڭ ئۆيىنىڭ خىزمىتىنى باشقۇراتتى، چېدىرنىڭ ئىشىكلىرىنى باقاتتى؛ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئەسلىدە پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرگاھىنى باشقۇرۇشقا قويۇلغان، ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىشىكىنى باققانىدى. [20] ئىلگىرى ئەلئازارنىڭ ئوغلى فىنىھاس ئۇلارنىڭ يولباشچىسى بولغان؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان. [21] مەشەلەمىيانىڭ ئوغلى زەكەرىيا بولسا جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىۋەنى بولغانىدى.

[22] دەرۋازىۋەنلىككە تاللانغان بۇ كىشىلەر جەمئىي ئىككى يۈز ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ ئۇلار ئۆز يېزا-كەنتلىرىدە، نەسەبلىرى بويىچە تىزىملانغان (ئەسلىدە داۋۇت ۋە ئالدىن كۆرگۈچى سامۇئىل ئۇلارنى ئامانەت قىلىنغان ۋەزىپىلىرىگە بېكىتكەنىدى. [23] ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى، يەنى مۇقەددەس چېدىرنىڭ ئىشىك-دەرۋازىلىرىنى بېقىشقا بېكىتىلگەنىدى).

[24] شەرقىي، غەربىي، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئىشىك-دەرۋازىلىرىدا دەرۋازىۋەنلەر بېكىتىلگەنىدى. [25] ئۇلارنىڭ يېزا-كەنتلەردە ئولتۇرۇشلۇق قېرىنداشلىرى بولسا ھەر يەتتە كۈندە نۆۋەت بويىچە كېلىپ ئۇلار بىلەن بىرگە خىزمەتتە بولاتتى. [26] تۆت دەرۋازىۋەن بېگى لاۋىيلاردىن ئىدى؛ ئۇلارغا تاپشۇرۇلغىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى ئامبار-خەزىنىلەرنى بېقىش ئىدى. [27] بېقىش مەسئۇلىيىتى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بولغاچقا، ئۇلار كېچىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ

19:9 **«چېدىر»** — «چېدىر» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ قايتىدىن قۇرۇلغان ئۆيىنى كۆرسىتىشى كېرەك. **«پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرگاھى»** — مۇشۇ يەردە بەلكىم مۇقەددەس ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئىسرائىللار چۆل-باياۋاندا كېزىپ يۈرگىنىدە «مۇقەددەس چېدىر»نىڭ ئەتراپىدىكى لاۋىي-كاھىنلارنىڭ چېدىرگاھىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

23:9 **«پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى، يەنى مۇقەددەس چېدىر»** — مۇشۇ يەردە داۋۇت دەۋرىدىكى «مۇقەددەس چېدىر» ھەمدە شۇنداقلا سۇلايمان قۇرغان كېيىنكى مۇقەددەس ئۆيىنى كۆرسىتىشى كېرەك

ئەتراپىدىكى ئورۇنلىرىدا تۇراتتى ھەمدە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشىك-دەرۋازىلارنى ئېچىشقا مەسئۇل ئىدى.
[28] ئۇلاردىن بىر قىسمى ئىبادەتخانا خىزمىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرگە مەسئۇل ئىدى؛ ئۇلار ساناپ ئەپچىقىپ، ساناپ ئەپكىرىپ قوياتتى. [29] ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى تاپشۇرۇلغىنى بويىچە قاچا-قۇچىلار ۋە مۇقەددەس جايدىكى بارلىق ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر، شۇنداقلا ئاق ئۇن، شاراب، زەيتۇن مېيى، مەستىكى ۋە خۇشبۇي بۇيۇملارغا مەسئۇل ئىدى. [30] كاھىنلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن بەزىلەر خۇشبۇي بۇيۇملاردىن ئەتىر ياسايتتى. [31] لاۋىيلاردىن ماتتىتىياھ، يەنى كوراھىيلاردىن شاللۇمنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ ۋەزىپىسى قازان نېنى ئېتىشكە مەسئۇل ئىدى. [32] ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى، كوھاتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە «تەقدىم نان»غا مەسئۇل بولۇپ، ھەر شابات كۈنى تىزىدىغانغا نانلارنى تەييارلايتتى.
[33] لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىرى بولغان نەغمىچىلەر ئىبادەتخانىدىكى ئۆيلەردە تۇرۇپ، باشقا خىزمەتلەرنى قىلماي، كېچە-كۈندۈز ئۆز ئىشلىرى بىلەنلا بولاتتى. [34] يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى لاۋىيلار ئىچىدىكى يولباشچىلار بولۇپ، ھەممىسى ئۆز نەسەبى بويىچە جەمەت بېشى ئىدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى يېرۇسالېمدا تۇراتتى.

## سائۇلنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى، جەئىيەلنىڭ ئەۋلادلىرى

[35] گىبېئوننىڭ ئاتىسى يەئىيەل گىبېئونغا ماكانلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى مائاكاھ ئىدى. [36] ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئابدون، قالغان ئوغۇللىرى زۇر، كىش، بائال، نەر، ناداب، [37] گېدور، ئاخىيو، زەكەرىيا ۋە مىكلوت ئىدى. [38] مىكلوتتىن شىمېيام تۆرەلگەن. بۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىدا يېرۇسالېمدا قوشنا ئولتۇرۇشاتتى.
[39] نەردىن كىش تۆرەلگەن، كىشتىن سائۇل تۆرەلگەن، سائۇلدىن

38:9 «شىمېيام» ـ 32:8دە «شىمېيا».

يۇناتان، مالكىشۇيا، ئابىناداب ۋە ئېش-بائال تۆرەلگەن. [40] مېرىب-
بائال يوناتاننىڭ ئوغلى ئىدى؛ مېرىب-بائالدىن مىكاھ تۆرەلگەن.
[41] مىكاھنىڭ ئوغۇللىرى پىتون، مەلەك، تاھرىيا ۋە ئاھاز ئىدى.
[42] ئاھازدىن ياراھ تۆرەلدى؛ ياراھدىن ئالەمەت، ئازماۋەت ۋە زىمرى
تۆرەلگەن. زىمرىدىن موزا تۆرەلگەن؛ [43] موزادىن بىنېئا تۆرەلگەن؛
بىنېئانىڭ ئوغلى رىفايا، رىفايانىڭ ئوغلى ئېلىئاساھ، ئېلىئاساھنىڭ
ئوغلى ئازەل ئىدى.
[44] ئازەلنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىسمى ئازرىكام، بوكېرۇ،
ئىشمائىل، شېئارىيا، ئوبادىيا ۋە ھانان ئىدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى
ئازەلنىڭ ئوغۇللىرى.

## سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قەتل قىلىنىشى

1سام. 31:1-13

10 [1] فىلىستىيلەر ئىسرائىللارغا ھۇجۇم قىلىشىدى، ئىسرائىللار
فىلىستىيلەرنىڭ ئالدىدىن قاچتى، ئۇلار گىلبوئا تېغىدا
قىرىپ يوقىتىلدى. [2] فىلىستىيلەر سائۇل بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى
تاپ بېسىپ قوغلىدى؛ ئۇلار ئاخىرى سائۇلنىڭ ئوغۇللىرىدىن يوناتان،
ئابىناداب، مالكى-شۇئالارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. [3] سائۇلغا قارشى جەڭ
ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى؛ ئوقياچىلار سائۇلغا يېتىشىپ ئوقيا
ئېتىپ ئۇنى يارىلاندۇردى. [4] ئاندىن سائۇل ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە:
قىلىچىڭنى سۇغۇرۇپ مېنى سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتكىن؛ بولمىسا

---

9:40 **«مېرىب-بائال»** — «2سام.» 4:4دە «مەفىبوشەت».
9:41 **«تاھرىيا»** — 8:35دە «تارىيا».
9:42 **«ياراھ»** — 8:36دە «يەھوئاداھ».
9:43 **«رىفايا»** — 8:36دە «رافا».
10:3 **«ئوقياچىلار سائۇلغا يېتىشىپ ئوقيا ئېتىپ ئۇنى يارىلاندۇردى»** — ياكى «ئوقياچىلار سائۇلغا يېتىشىپ، ئۇ ئوقياچىلاردىن ئازابلاندى».

بۇ خەتنىسىزلەر كېلىپ مېنى سانجىپ، مېنى خورلۇققا قويۇشى
مۇمكىن، دېدى. لېكىن ياراغ كۆتۈرگۈچىسى ئىنتايىن قورقۇپ
كېتىپ، ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن سائۇل قىلىچنى ئېلىپ ئۇستىگە
ئۆزىنى تاشلىدى.
[5] ياراغ كۆتۈرگۈچىسى سائۇلنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا
ئۆزىنى قىلىچىنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆلدى. [6] شۇنىڭ
بىلەن سائۇل، ئۈچ ئوغلى ھەم پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر شۇ كۈندە
بىراقلا ئۆلدى. [7] ئەمدى ۋادىدا تۇرغان ئىسرائىللار ئەسكەرلىرىنىڭ
قاچقانلىقىنى ۋە سائۇل بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگىنىدە،
ئۇلار شەھەرلىرىنى تاشلاپ قاچتى، فىلىستىيلەر كېلىپ ئۇ جايلاردا
ئورۇنلاشتى.
[8] ئەمدى شۇنداق بولدىكى، ئەتىسى فىلىستىيلەر ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ
كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋالغىلى كەلگەندە گىلبوئا تېغىدا
سائۇل بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆردى-دە،
[9] كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، كاللىسىنى ۋە ساۋۇت-ياراغلىرىنى
ئېلىپ كەتتى ھەمدە بۇلارنى فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىنىڭ ھەممە
يەرلىرىگە ئاپىرىپ، ئۆز بۇتلىرىغا ۋە خەلققە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى.
[10] ئۇلار سائۇلنىڭ ساۋۇت-ياراغلىرىنى ئۇلارنىڭ بۇتخانىسىدا قويۇپ،
كاللىسىنى داگون بۇتخانىسىغا ئېسىپ قويدى.
[11] ئەمدى يابەش-گىلېئاددا ئولتۇرغۇچىلار فىلىستىيلەرنىڭ سائۇلغا
بارلىق قىلغانلىرىنى ئاڭلىغاندا [12] ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممە باتۇرلار
ئاتلىنىپ، سائۇل بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ جەسەتلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنى
يابەشكە قايتۇرۇپ كېلىپ، يابەشتىكى دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىگە دەپنە
قىلدى ۋە يەتتە كۈن روزا تۇتتى.

---

9:10 **«... كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، كاللىسىنى ۋە ساۋۇت-ياراغلىرىنى ئېلىپ كەتتى ھەمدە بۇلارنى فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئاپىرىپ...»** — ياكى «...كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، كاللىسىنى ۋە ساۋۇت-ياراغلىرىنى ئېلىپ كەتتى ھەمدە ئەلچىلەرنى فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئەۋەتىپ، ... خۇش خەۋەر يەتكۈزدى».

14-13 شۇنىڭ بىلەن سائۇل پەرۋەردىگارغا قىلغان ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن ئۆلدى؛ ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامىغا كىرمەي ۋە ھەتتا پەرۋەردىگاردىن يول سورىماي، بەلكى پالچى جىنكەشنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن يول سورىغانىدى. شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھلىقنى يەسسەنىڭ ئوغلى داۋۇتقا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

## داۋۇتنىڭ يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھ قىلىنغانلىقى

2سام. 5:1-10

11 1 ئۇ چاغدا بارلىق ئىسرائىل جامائىتى ھېبرونغا كېلىپ داۋۇتنىڭ قېشىغا يىغىلىشىپ: «قارىسىلا، بىز ئۆزلىرىنىڭ ئەت-سۆڭەكلىرىدۇرمىز! 2 بۇرۇن سائۇل بىزنىڭ ئۈستىمىزدە سەلتەنەت قىلغاندىمۇ ئىسرائىل خەلقىگە جەڭگە چىقىپ-كىرىشكە يولباشچى بولغان ئۆزلىرى ئىدىلا. ئۆزلىرىنىڭ خۇدالىرى بولغان پەرۋەردىگارمۇ ئۆزلىرىگە: ــ سەن مېنىڭ خەلقىم ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى بولۇپ ئۇلارنى باقىسەن ۋە ئىسرائىلنىڭ ئەمىرى بولىسەن، دېگەنىدى» ــ دېدى.

3 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى ھېبرونغا كېلىپ پادىشاھ داۋۇتنىڭ قېشىغا كېلىشتى؛ داۋۇت ھېبروندا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇلار بىلەن بىر ئەھدە تۈزۈشتى. ئاندىن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سامۇئىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقىنى بويىچە، داۋۇتنى مەسىھ قىلىپ، ئىسرائىلنى ئىدارە قىلىشقا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.

---

2:11 **«جەڭگە چىقىپ-كىرىشكە يولباشچى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىسرائىلنىڭ چىقىشىدا ھەم كىرىشىدە ئۇلارغا باشلىغۇچى ئىدىلا» دېگەنلىك بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئىسرائىلنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3:11** 1سام. 1:16، 13؛ 2سام. 3:5

## داۋۇتنىڭ يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلىشى

[4]داۋۇت بىلەن بارلىق ئىسرائىل خەلقى يېرۇسالېمغا كەلدى
(يېرۇسالېم شۇ چاغدا «يەبۇس» دەپ ئاتىلاتتى، زېمىندىكى ئاھالە
بولغان يەبۇسىيلار شۇ يەردە تۇراتتى). [5]يەبۇس ئاھالىسى داۋۇتقا:
«سەن بۇ يەرگە ھېچقاچان كىرەلمەيسەن!» دېدى. بىراق داۋۇت زىئون
دېگەن قورغاننى ئالدى (شۇ يەر «داۋۇتنىڭ شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ).
[6]داۋۇت: «كىم ئالدى بىلەن يەبۇسىيلارغا ھۇجۇم قىلسا، شۇ كىشى
يولباشچى ۋە سەردار بولىدۇ» دېدى. زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئاب
ئالدى بىلەن ئاتلىنىپ چىقىپ، يولباشچى بولدى. [7]داۋۇت قورغاندا
تۇراتتى، شۇڭا كىشىلەر ئۇ قورغاننى «داۋۇت شەھىرى» دەپ ئاتاشتى.
[8]داۋۇت شەھەرنى مىللودىن باشلاپ تۆت ئەتراپىدىكى سېپىلغىچە
يېڭىۋاشتىن ياساتتى؛ شەھەرنىڭ قالغان قىسمىنى يوئاب ياساتتى.
[9]داۋۇت كۈندىن كۈنگە قۇدرەت تاپتى، چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى.

## داۋۇتنىڭ پالۋانلىرى

2سام. 23:8-39

[10]تۆۋەندىكىلەر داۋۇتنىڭ پالۋانلىرى ئىچىدە يولباشچىلار ئىدى؛ ئۇلار
پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلغا ئېيتقان سۆزى بويىچە پۈتكۈل ئىسرائىل
بىلەن بىرلىشىپ، داۋۇتنىڭ پادىشاھلىقىنى مۇستەھكەم قىلىپ،
بىرلىكتە ئۇنى پادىشاھ قىلىشقا كۈچىدى.
[11]تۆۋەندىكىلەر داۋۇتنىڭ پالۋانلىرىنىڭ تىزىملىكى بويىچە
خاتىرىلەنگەندۇر: —
ھاكمونىيلاردىن بولغان ياشوبېئام يولباشچىلار ئىچىدە بېشى ئىدى؛
ئۇ نەيزىسىنى پىقىرىتىپ بىر قېتىمدىلا ئۈچ يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگە

5:11 **«زىئون دېگەن قورغان»** — «زىئون» يېرۇسالېمنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزلىك بولۇپ، شۇ يەرگە
دائىم قورغان سېلىنىپ تۇراتتى. كېيىن ئىبادەتخانىمۇ زىئوندا قۇرۇلغان.
8:11 **«مىللو»** — «پەلەمپەيلىك يەر» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

ن. [12] ئۇنىڭدىن قالسا ئاخوخىي دودونىڭ ئوغلى ئەلئازار بولۇپ، ئۇ «ئۈچ پالۋان»نىڭ بىرى ئىدى؛ [13] ئىلگىرى فىلىستىيلەر پاس-دامىمدا جەڭ قىلىشقا يىغىلغاندا، ئۇ داۋۇت بىلەن ئۇ يەردە ئىدى. ئۇ يەردە ئارپا ئۆسۈپ كەتكەن بىر ئېتىزلىق بولۇپ، خەلق فىلىستىيلەرنىڭ ئالدىدىن بەدەر قاچقانىدى؛ [14] ئۇلار بولسا ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ھەم ئېتىزلىقنى قوغدىغان، ھەم فىلىستىيلەرنى تارمار قىلغان؛ پەرۋەردىگار ئەنە شۇ يول بىلەن ئۇلارنى غايەت زور غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن.

[15] ئوتتۇز يولباشچى ئىچىدىن يەنە ئۈچەيلەن قورام تاشلىقتىكى ئادۇللامنىڭ غارىغا چۈشۈپ داۋۇتنىڭ يېنىغا كەلدى. فىلىستىيلەرنىڭ قوشۇنى بولسا «رەفايىم جىلغىسى»دا بارگاھ قۇرغانىدى. [16] بۇ چاغدا داۋۇت قورغاندا، فىلىستىيلەرنىڭ قاراۋۇلگاھى بەيت-لەھەمدە ئىدى. [17] داۋۇت ئۇسساپ: «ئاھ، بىرسى ماڭا بەيت-لەھەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى قۇدۇقتىن سۇ ئەكىلىپ بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى!» دېۋىدى، [18] بۇ ئۈچ پالۋان فىلىستىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بەيت-لەھەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتتى ۋە داۋۇتقا ئېلىپ كەلدى؛ لېكىن ئۇ ئۇنىڭدىن ئىچكىلى ئۇنىمىدى، بەلكى سۇنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ تۆكۈپ: [19] «خۇدايىم بۇ ئىشنى مەندىن نېرى قىلسۇن! مەن ھاياتىنىڭ خەۋپىتە قېلىشىغا قارىمىغان بۇ كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئىچسەم قانداق بولىدۇ؟ چۈنكى بۇنى ئۇلار ھاياتىنىڭ خەۋپىتە قېلىشىغا قارىماي ئېلىپ كەلگەن!» دېدى. شۇڭا داۋۇت بۇ سۇنى ئىچكىلى ئۇنىمىدى. بۇ ئۈچ پالۋان قىلغان ئىشلار دەل شۇلار ئىدى.

---

11:11 **«يولباشچىلار ئىچىدە»** ــ بۇ ئىبارىنىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى «ئوتتۇزى ئىچىدە»

14:11 **«ئۇلار بولسا ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ،... پەرۋەردىگار ... ئۇلارنى غايەت زور غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن»** ــ مۇشۇ ئايەتتە «ئۇلار» بەلكىم داۋۇت ۋە «ئۈچ پالۋان»نى كۆرسىتىدۇ. «2سام.» 11:12-23دە ئەلئازارنىڭ ئاۋۋال بۇ جەڭنى باشلىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**[20] يوئابنىڭ ئىنىسى ئابىشاي ئۈچىنىڭ بېشى ئىدى؛ ئۇ ئۈچ يۈز ئادەم بىلەن قارشىلىشىپ نەيزىسىنى پىقىرىتىپ ئۆلارنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ «ئۈچ پالۋان» ئىچىدە نامى چىققانىدى. [21] ئۇ مۇشۇ «ئۈچ پالۋان» ئىچىدە ھەممىدىن بەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاۋۋالقى ئۈچەيلەنگە يەتمەيتتى. [22] يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا كابزەئەلدىن بولۇپ، بىر باتۇر پالۋان ئىدى؛ ئۇ كۆپ قالتىس ئىشلارنى قىلغان. ئۇ موئابىي ئارىئەلنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن. يەنە قار ياغقان بىر كۈنى ئازگالغا چۈشۈپ، بىر شىرنى ئۆلتۈرگەنىدى. [23] ئۇ يەنە قولىدا باپكارنىڭ ئوقىدەك بىر نەيزىسى بار، بويىنىڭ ئېگىزلىكى بەش گەز كېلىدىغان بىر مىسىرلىقنى قەتل قىلدى؛ ئۇ بىر ھاسا بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ نەيزىسىنى قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۆز نەيزىسى بىلەن ئۆلتۈردى. [24] يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا مانا بۇ ئىشلارنى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ پالۋان ئىچىدە نام چىقارغانىدى. [25] مانا، ئۇ ھېلىقى ئوتتۇز پالۋاندىنمۇ بەكرەك شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئۈچ پالۋانغا يەتمەيتتى. داۋۇت ئۇنى ئۆزىنىڭ پاسىبان بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن.**

**[26] قوشۇندىكى پالۋانلار بولسا: —**

---

20:11 **«...شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ «ئۈچ پالۋان» ئىچىدە نامى چىققانىدى»** — بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىرنەچچە خىل تەرجىمىسى بار. 21-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

21:11 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ «ئۈچ پالۋان» ئىچىدە نامى چىققانىدى. ئۇ مۇشۇ «ئۈچ پالۋان» ئىچىدە ھەممىدىن بەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاۋۋالقى ئۈچەيلەنگە يەتمەيتتى»** — 20-21-ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئۈچ پالۋان» بىلەن تەڭ شۆھرەت قازانغان. ئۇ «ئۈچ پالۋان»دىن ئىككى ھەسسىلەپ ھۆرمەتكە ئىگە بولغان ۋە ئۇلارنىڭ بېشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن بىرى بولمىدى». ئەمما بىزنىڭچە تەرجىمىمىز «2سام.» 23:18-19گە ماس كېلىدۇ.

22:11 **«موئابىي ئارىئەلنىڭ ئىككى ئوغلى»** — يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: — «موئابتىكى ئىككى شىر...» ياكى «موئابتىكى ئىككى شىردەك كىشىنى...».

23:11 **«بەش گەز»** — ئىككى مېتردىن ئارتۇق (2.2 مېتر).

24:11 **«ئۈچ پالۋان ئىچىدە نام چىقارغانىدى»** — ياكى «ئۈچ پالۋان بىلەن تەڭ نام چىقارغانىدى».

يوئابنىڭ ئىنىسى ئاساھەل، بەيت-لەھەملىك دودونىڭ ئوغلى ئەلھانان،
27 ھارورلۇق شامموت، پىلونلۇق ھەلەز، 28 تەكوئالىق ئىككەشنىڭ
ئوغلى ئىرا، ئاناتوتلۇق ئابىئېزەر، 29 خۇشاتلىق سىببەكاي، ئاخوھلۇق
ئىلاي، 30 نېتوفاتلىق ماھاراي، نېتوفاتلىق بائاناھنىڭ ئوغلى خەلەب،
31 بىنيامىن ئەۋلادلىرىدىن گىبېئاھلىق رىباينىڭ ئوغلى ئىتتاي،
پىراتونلۇق بىنايا، 32 گائاش ۋادىلىرىدىن كەلگەن خۇراي، ئارباتلىق
ئابىيەل، 33 باھارۇملۇق ئازماۋەت، شائالبونلۇق ئېلياھبا، 34 گىزونلۇق
ھاشەمنىڭ ئوغۇللىرى، ھارارلىق شاگىنىڭ ئوغلى يوناتان، 35 ھارارلىق
ساكارنىڭ ئوغلى ئاھىيام، ئۇرنىڭ ئوغلى ئېلىفال، 36 مەكەراتلىق
ھەفەر، پىلونلۇق ئاخىياھ، 37 كارمەللىك ھەزرو، ئەزباينىڭ ئوغلى
نائاراي، 38 ناتاننىڭ ئىنىسى يوئېل، ھاگرىنىڭ ئوغلى مىبھار،
39 ئاممونلۇق زەلەك، زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئابنىڭ ياراغ كۆتۈرگۈچىسى
بولغان بەئەروتلۇق ناھاراي، 40 ئىترىلىق ئىرا، ئىترىلىق گارەب،
41 ھىتتىي ئۇرىيا، ئاھلاينىڭ ئوغلى زاباد، 42 رۇبەن قەبىلىسىدىن
شىزانىڭ ئوغلى، رۇبەنلەر ئىچىدە يولباشچى بولغان ئادىنا ۋە ئۇنىڭغا
ئەگەشكەن ئوتتۇز ئادەم، 43 مائاكاھنىڭ ئوغلى ھانان، مىتنىلىق
يوشافات، 44 ئاشتاراتلىق ئۇززىيا، ئاروئەرلىك خوتامنىڭ ئوغلى شاما
بىلەن يەئىيەل، 45 شىمرىنىڭ ئوغلى يېدىيايەل بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى
تىزىلىق يوخا، 46 ماھاۋىلىق ئەلىيەل، ئەلنائامنىڭ ئوغۇللىرى يەرىباي
بىلەن يوشاۋىيا، موئابلىق يىتما، 47 ئەلىيەل، ئوبەد ۋە مەزوبالىق
يائاسىيەللەردىن ئىبارەت ئىدى.

---

29:11 **«سىببەكاي»** ــ ياكى «مەببۇناي» («2سام.» 27:23نى كۆرۈڭ).

32:11 **«خۇراي»** ــ «2سام.» 31:23دە «ھىدداي».

34:11 **«ھاشەمنىڭ ئوغۇللىرى»** ــ ياكى «ياشەننىڭ ئوغۇللىرى». («2سام.» 33:23نى كۆرۈڭ).

46:11 **«...موئابلىق يىتما»** ــ بۇ تىزىملىكتە بىرنەچچە يەھۇدىي ئەمەسلەر ــ مەسىلەن، ئاممونلۇق زەلەك، ھىتتىي ئۇرىيا ۋە موئابلىق تىمنا بار.

## داۋۇتقا بېقىنغان بىنيامىن پالۋانلىرى

12

[1] داۋۇت كىشنىڭ ئوغلى سائۇلنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن زىكلاگدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان چاغدا مۇنۇ كىشىلەر داۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىشتى (ئۇلارنىڭ ھەممىسى داۋۇتقا جەڭ قىلىشتا ياردەم بەرگەن باتۇرلاردىن ئىدى؛ [2] ئوقيا بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ئوڭ قولى بىلەنمۇ، سول قولى بىلەنمۇ ئوقيا ۋە سالغا ئاتالايتتى؛ ئۇلار سائۇلنىڭ بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان تۇغقانلىرى ئىدى): [3] ــ ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئاخىئېزەر، ئاندىن قالسا يوئاش بولۇپ، ئىككىسى گىبېئاھلىق شېمائاھنىڭ ئوغلى ئىدى؛ يەنە ئازماۋەتنىڭ ئوغلى يەزىيەل بىلەن پەلەتمۇ؛ يەنە بەراكاھ بىلەن ئاناتوتلۇق يەھۇ، [4] گىبېئونلۇق يىشمايامۇ بار ئىدى. يىشمايا «ئوتتۇز پالۋان» ئىچىدە باتۇر بولۇپ شۇ ئوتتۇزىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئىدى؛ يەنە يەرەمىيا، ياھازىيەل، يوھانان ۋە گەدەراتلىق يوزاباد، [5] ئەلۇزاي، يەرىموت، بېئالىيا، شەمارىيا، خارۇفلۇق شەفاتىيا، [6] كوراھلىقلاردىن بولغان ئەلكاناھ، يىششىيا، ئازارەل، يوئېزەر ۋە ياشوبېئاملار؛ [7] يەنە گەدورلۇق يەروھامنىڭ ئوغلى يوئېلاھ بىلەن زەبادىيا بار ئىدى.

## داۋۇتقا بېقىنغان گاد پالۋانلىرى

[8] گاد قەبىلىسىدىن بەزىلەر چۆلدىكى قورغانغا بېرىپ داۋۇتقا بېقىندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭگە ماھىر، قالقان ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغان باتۇر جەڭچىلەر ئىدى؛ ئۇلارنىڭ تۇرقى بەئەينى شىرغا، چاققانلىقى بەئەينى تاغدىكى بۆكەنگە ئوخشايتتى. [9] ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئېزەر، ئىككىنچىسى ئوبادىيا، ئۈچىنچىسى ئېلىئاب، [10] تۆتىنچىسى مىشماناھ، بەشىنچىسى يەرەمىيا، [11] ئالتىنچىسى ئاتتاي، يەتتىنچىسى ئەلىيەل، [12] سەككىزىنچىسى يوھانان، توققۇزىنچىسى ئەلزاباد، [13] ئونىنچىسى يەرەمىيا، ئون بىرىنچىسى ماكبانناي ئىدى. [14] بۇلارنىڭ ھەممىسى گاد قەبىلىسىدىن، قوشۇن

ئىچىدە سەردارلار ئىدى؛ ئەڭ كىچىكى يۈز لەشكەرگە، ئەڭ چوڭى مىڭ لەشكەرگە يېتەكچى ئىدى. [15] بىرىنچى ئايدا، ئىئوردان دەرياسى تېشىپ قىرغاقتىن ئاشقان چاغدا، دەريادىن ئۆتۈپ، شەرققە ۋە غەربكە قارايدىغان بارلىق جىلغىلاردىكىلەرنى تىرىپىرەن قىلىپ قاچۇرغانلار دەل مۇشۇ ئادەملەر ئىدى.

## داۋۇتقا بېقىنغان بىنيامىنلار ۋە يەھۇدالار

[16] بىنيامىن قەبىلىسى بىلەن يەھۇدا قەبىلىسىدىنمۇ كىشىلەر قورغانغا كېلىپ داۋۇتقا بېقىنغان. [17] داۋۇت چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ: «ئەگەر سىلەر تىنچلىق نىيىتىدە ماڭا ياردەم بېرىشكە كەلگەن بولساڭلار، سىلەر بىلەن بىر جان بىر دىل بولىمەن، لېكىن قوللىرىمدا ھېچ ناھەقلىق بولمىغان مېنى دۈشمەنلىرىمگە سېتىۋەتمەكچى بولساڭلار، ئاتا-بوۋىلىرىمىنىڭ خۇداسى بۇنى نەزىرىگە ئېلىپ ھۆكۈم چىقارغاي!» ــ دېدى.

[18] بۇ چاغدا خۇدانىڭ روھى ھېلىقى ئوتتۇز پالۋاننىڭ يولباشچىسى ئاماسايغا چۈشۈۋىدى، ئۇ:

«ئاھ داۋۇت، بىز ساڭا بېقىندۇقمىز؛
ئاھ يەسسەنىڭ ئوغلى، بىز سەن بىلەن بىللىدۇرمىز؛
ئۆزۈڭگە ئامان-تىنچلىق، ئامان-تىنچلىق بولغاي!
ساڭا ياردەم بەرگۈچىلەرگىمۇ ئامان-تىنچلىق بولغاي!
چۈنكى سېنىڭ خۇدايىڭ ساڭا مەدەتكاردۇر»

شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئۇلارنى ئېلىپ قېلىپ، «زەربىدار ئەترەت باشلىقلىرى» قىلدى.

---

14:12 **«ئەڭ كىچىكى يۈز لەشكەرگە، ئەڭ چوڭى مىڭ لەشكەرگە يېتەكچى ئىدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەڭ كىچىكى يۈز ئادەمگە، ئەڭ چوڭى مىڭ ئادەمگە يېتىيتتى».

15:12 **«بىرىنچى ئاي»** ــ مارت ياكى ئاپرېل.

18:12 **«خۇدانىڭ روھى»** ــ مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا پەقەت «روھ» دېيىلىدۇ.

## داۋۇتقا بېقىنغان ماناسسەھلەر

[19] داۋۇت ئىلگىرى فىلىستىيلەر بىلەن بىرلىكتە سائۇلغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا، ماناسسەھ قەبىلىسىدىكى بەزىلەر داۋۇت تەرەپكە ئۆتتى (لېكىن ئۇلار فىلىستىيلەرگە ياردەم بەرمىدى، چۈنكى فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى: «داۋۇت ئۆز غوجىسى سائۇل تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا بېشىمىز كەتمەي قالمايدۇ!» دەپ مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولغانىدى). [20] داۋۇت زىكلاگقا قايتىپ بارغاندا، ماناسسەھ قەبىلىسىدىكى ئادناھ، يوزاباد، يەدىيايەل، مىكائىل، يوزاباد، ئېلىخۇ، زىلتايلار كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماناسسەھ قەبىلىسىنىڭ مىڭبېشىلىرى ئىدى. [21] ئۇلار داۋۇت قاراقچىلارغا قارشى جەڭ قىلغاندا ئۇنىڭغا ياردەملەشتى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى باتۇر پالۋانلار، قوشۇندىكى يولباشچىلار ئىدى. [22] چۈنكى شۇ كۈنلەردە داۋۇتقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئادەملەر كېلىپ قوشۇلۇپ، خۇددى خۇدانىڭ قوشۇنىدەك زور بىر قوشۇن بولۇپ كەتكەنىدى.

## داۋۇتقا كېلىپ قوشۇلغان قوشۇنلار

[23] پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، سائۇلنىڭ پادىشاھلىقىنى داۋۇتقا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان قورallanغان جەڭچىلەر يولباشچىلىرى بىلەن ھېبرونغا، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: —

---

19:12 «لېكىن ئۇلار فىلىستىيلەرگە ياردەم بەرمىدى، چۈنكى فىلىستىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى: «داۋۇت ئۆز غوجىسى سائۇل تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا بېشىمىز كەتمەي قالمايدۇ!» دەپ مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولغانىدى» — «1سام.» 4:29نى كۆرۈڭ.

21:12 «ئۇلار داۋۇت قاراقچىلارغا قارشى جەڭ قىلغاندا ئۇنىڭغا ياردەملەشتى» — كۆزدە تۇتقىنى بەلكىم «1سام.» 30-بابتا خاتىرىلەنگەن ئىشلار؛ شۇ چاغدا داۋۇت ئائىلەك قاراقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلغان.

[24] يەھۇدالاردىن قالقان ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغانلار جەمئىي ئالتە
مىڭ سەككىز يۈز كىشى بولۇپ، ھەممىسى جەڭگە تەييارلانغانىدى.
[25] شىمېئونلاردىن جەڭگە تەييارلانغان باتۇر جەڭچىلەر جەمئىي يەتتە
مىڭ بىر يۈز كىشى، [26] لاۋىيلاردىن جەمئىي تۆت مىڭ ئالتە يۈز كىشى؛
[27] يەھويادا ھارۇنلارنىڭ جەمەت بېشى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر
جەمئىي ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئىدى. [28] يەنە ياش بىر باتۇر جەڭچى
زادوك ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىن يىگىرمە ئىككى يولباشچى بار ئىدى.
[29] بىنيامىنلاردىن، سائۇلنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىنمۇ ئۈچ مىڭ كىشى
بار ئىدى؛ شۇ چاغقا قەدەر بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سائۇل جەمەتىنى
قوللاپ كەلمەكتە ئىدى.
[30] ئەفرائىملاردىن، ئۆز جەمەتلىرىدە يۈز-ئابروي تاپقان باتۇر ئەزىمەتلەر
جەمئىي يىگىرمە مىڭ سەككىز يۈز كىشى ئىدى. [31] ماناسسەھ يېرىم
قەبىلىسى ئىچىدە نامى پۈتۈلگەن، داۋۇتنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەشكە
كەلگەنلەر جەمئىي ئون سەككىز مىڭ كىشى ئىدى. [32] ئىسساكارلاردىن
زامان-ۋەزىيەتنى چۈشىنىدىغان، ئىسرائىلنىڭ قانداق قىلىشى
كېرەكلىكىنى بىلىدىغان يولباشچىلار جەمئىي ئىككى يۈز كىشى
ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەممە قېرىنداشلىرى ئۇلارنىڭ ئەمرىگە بويسۇناتتى.
[33] زەبۇلۇنلاردىن جەڭگە تەييارلانغان، ھەرخىل قورال-ياراغلار بىلەن
قوراللانغان، ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايدىغان، داۋۇتنىڭ ياردىمىگە كەلگەن
جەمئىي ئەللىك مىڭ كىشى ئىدى. [34] نافتالىلاردىن يولباشچى بولغان
مىڭ كىشى بار ئىدى؛ ئۇلارغا ئەگىشىپ قولىغا قالقان ۋە نەيزە ئالغانلار
جەمئىي ئوتتۇز يەتتە مىڭ كىشىگە يېتەتتى. [35] دانلاردىن جەڭگە
تەييارلانغان جەمئىي يىگىرمە سەككىز مىڭ ئالتە يۈز كىشى ئىدى.
[36] ئاشىرلاردىن جەڭگە چىقىپ قوشۇن سېپىگە ئاتلىنىشقا تەييار
بولغان جەمئىي قىرىق مىڭ كىشى ئىدى. [37] ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق
تەرىپىدىكى رۇبەن قەبىلىسى، گاد قەبىلىسى ۋە ماناسسەھ يېرىم
قەبىلىسىدىن قولىغا ھەرخىل قورال-ياراغ ئېلىپ جەڭگە تەييارلانغان
جەمئىي بىر يۈز يىگىرمە مىڭ كىشى ئىدى.

[38] يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئەزىمەتلەرنىڭ ھەربىي يۈرۈشى تەكشى بولۇپ، داۋۇتنى پۈتكۈل ئىسرائىل ئۈستىگە پادىشاھ قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن بىر جان بىر دىل بولۇپ، ھېبرونغا كېلىشكەنىدى؛ قالغان ئىسرائىللارمۇ بىر نىيەت بىر مەقسەتتە داۋۇتنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىمەكچى بولۇشقانىدى.
[39] ئۇلار شۇ يەردە داۋۇت بىلەن ئۈچ كۈن بىللە يەپ-ئىچىپ غىزالاندى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇلارغا تەييارلاپ قويۇشقانىدى. [40] ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى خەلقلەر، ھەتتا ئىسساكار، زەبۇلۇن ۋە نافتالىلارنىڭ زېمىنىدىكىلەر ئېشەك، تۆگە، قېچىر ۋە كالىلارغا ئارتىپ ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ ئوزۇقلۇق ئېلىپ كەلگەن؛ ئۇلار زور مىقداردا ئۇن، ئەنجۈر پوشكىلى، ئۈزۈم پوشكىلى، شاراب، زەيتۇن مېيى ۋە نۇرغۇن قوي-كالىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشكەنىدى؛ پۈتكۈل ئىسرائىل شاد-خۇراملىقتا چۆمگەنىدى.

## ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئاپىرىلىشىدا بولغان بالايىقازا

2سام. 6:1-11

13 [1] داۋۇت مىڭبېشى، يۈزبېشى ۋە بارلىق يولباشچىلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى؛ [2] ئاندىن پۈتۈن ئىسرائىل ئاممىسىغا: «ئەگەر سىلەر ماقۇل كۆرسەڭلار، شۇنداقلا بۇ ئىشنى خۇدايىمىز پەرۋەردىگاردىن دەپ بىلسەڭلار، بىز ئىسرائىلنىڭ زېمىنلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا شۇ يەردە قالغان قېرىنداشلىرىمىزغا ھەمدە ئۇلار بىلەن بىللە شەھەرلەردە ۋە ئېتىزلىقلىرىدا تۇرۇۋاتقان كاھىن ھەم لاۋىيلارغا مۇشۇ يەرگە يىغىلىش توغرۇلۇق ئادەم ئەۋەتەيلى. [3] بىز خۇدايىمىزنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى مەشەگە يۆتكەپ كېلەيلى؛ چۈنكى سائۇلنىڭ كۈنلىرىدە ھېچقايسىمىز ئەھدە ساندۇقى ئالدىدا خۇدادىن يول سوراپ باقمىدۇق» دېدى. [4] بۇ ئىشنى پۈتۈن ئامما توغرا تاپقاچقا، ھەممەيلەن ماقۇل بولۇشتى.

**[5]شۇڭا داۋۇت مىسىرنىڭ شىھور دەرياسىدىن تارتىپ خامات
ئېغىزىغىچە بولغان پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىنى چاقىرتىپ كېلىپ،
خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كىرىئات-يېئارىمدىن يۆتكەپ كەلمەكچى
بولدى. [6]ئاندىن داۋۇت بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىل خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن بائالاھقا، يەنى يەھۇداغا تەۋە
بولغان كىرىئات-يېئارىمغا كەلدى؛ ئىككى كېرۇبنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئولتۇرغۇچى پەرۋەردىگار بۇ ئەھدە ساندۇقى ئۈستىگە ئۆز نامىنى
قويغانىدى. [7]ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئابىنادابنىڭ ئۆيىدىن
ئېلىنغان يېڭى بىر هارۋىغا قويدى؛ ئۇززاھ بىلەن ئاخىيو هارۋىنى
هەيدىدى. [8]داۋۇت بىلەن بارلىق ئىسرائىل جامائىتى خۇدانىڭ
ئالدىدا ھە دەپ نەغمە-ناۋا قىلىپ، چىلتار، تەمبۇر، داپ، جاڭلار ۋە
كاناي-سۇنايلار چالاتتى.**

**[9]لېكىن ئۇلار كىدون خامىنىغا كەلگەندە كالىلار ئالدىغا مۆدۈرەپ
كېتىپ يىقىلغاندا ئۇززاھ ئەھدە ساندۇقىنى يۆلىۋالاي دەپ قولىنى
ئۇنىڭغا سوزدى. [10]ئۇززاھنىڭ ئەھدە ساندۇقىغا قولى تەگكەنلىكى
ئۈچۈن، خۇدا ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇززاھ شۇ يەردە خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆلدى.**

**[11]لېكىن داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئۇززاھنىڭ تېنىنى بۆسكەنلىكىگە
ئاچچىقلاندى ۋە ئۇ يەرنى «پەرەز-ئۇززاھ» دەپ ئاتىدى؛ ئۇ يەر تاكى**

---

5:13 **«مىسىرنىڭ شىھور دەرياسىدىن تارتىپ خامات ئېغىزىغىچە»** — جەنۇبتىن شىمالغىچە ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ.

—«خامات ئېغىزى» دېگەننىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى: «لىبو-خامات».

7:13 **«ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئابىنادابنىڭ ئۆيىدىن ئېلىنغان يېڭى بىر هارۋىغا قويدى»** — ياكى «ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى يېڭى بىر هارۋىغا قويۇپ، ئۇنى ئابىنادابنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقتى».

10:13 **«ئۇززاھنىڭ ئەھدە ساندۇقىغا قولى تەگكەنلىكى ئۈچۈن، خۇدا ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى»** — مۇقەددەس قانۇن بويىچە پەقەت كاھىنلار ئەھدە ساندۇقىغا قول تەگكۈزۈشكە ۋە ئۇنى كۆتۈرۈشكە بولاتتى. ئۇنى كالا هارۋىسى ئۈستىگە قويۇشقا بولمايتتى. شۇڭا داۋۇت ۋە پۈتكۈل ئىسرائىللار مۇشۇ ئىشتا ئەيىبلىك ئىدى.

ھازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. [12] شۇ كۈنى داۋۇت خۇدادىن
قورقۇپ: «مەن زادى قانداق قىلىپ خۇدانىڭ ئەھدەساندۇقىنى بۇ
يەرگە يۆتكەپ كېلەلەيمەن؟» دېدى.
[13] شۇڭا داۋۇت ئەھدە ساندۇقىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان «داۋۇت شەھىرى»گە
يۆتكەپ كەلمەي، گاتلىق ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ
قويدى. [14] خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئاي
تۇردى؛ پەرۋەردىگار ئوبەد-ئېدومنىڭ ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق
تەئەللۇقاتلىرىنى بەرىكەتلىدى.

## تۇر پادىشاھى داۋۇتنىڭ ئوردا سېلىشىغا ياردەملىشىدۇ

1سام. 5:11-25

14 [1] تۇر پادىشاھى ھىرام داۋۇت بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەلچىلەرنى،
شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوردا سېلىشقا كېدىر ياغىچى، تاشچى
ۋە ياغاچچىلارنى ئەۋەتتى. [2] بۇ چاغدا داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنى
ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھ بولۇشقا
جەزمەن تىكلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز
خەلقى ئىسرائىل ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى گۈللەندۈرگەنىدى.

## داۋۇتنىڭ يېرۇسالېمدا كۆرگەن ئوغۇللىرى

[3] داۋۇت يېرۇسالېمدا يەنە بىرمۇنچە خوتۇن ئالدى ھەمدە يەنە
ئوغۇل-قىزلارنى كۆردى. [4] تۇۋەندىكىلەر ئۇنىڭ يېرۇسالېمدا كۆرگەن
پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرى: شاممۇيا، شوباب، ناتان، سۇلايمان،
[5] ئىبھار، ئەلىشۇيا، ئەلپەلەت، [6] نوگاھ، نەفەگ، يافىيا، [7] ئەلىشاما،
بەئەلىيادا ۋە ئەلىفەلەت.

---

11:13 **«پەرەز-ئۇززاھ»** — مەنىسى «ئۇززاھقا بۆسۈپ كىرىش».
7:14 **«بەئەلىيادا»** — ياكى «ئەلىيا». «2سام.» 16:5نى كۆرۈڭ.

## داۋۇتنىڭ فىلىستىيلەرنى ئىككى قېتىم يەڭگەنلىكى

8 داۋۇتنىڭ مەسىھ قىلىنىپ پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ
قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان فىلىستىيلەرنىڭ ھەممىسى داۋۇت بىلەن
قارشىلىشىش پۇرسىتىنى ئىزلەپ كەلدى؛ داۋۇت بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارغا
قارشى جەڭگە ئاتلاندى. 9 فىلىستىيلەر «رەفايىم جىلغىسى»غا بۇلاڭ-
تالاڭ قىلغىلى كىردى. 10 داۋۇت خۇدادىن: «مەن فىلىستىيلەرگە قارشى
جەڭگە چىقسام بولامدۇ؟ ئۇلارنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرامسەن؟» دەپ
سورىۋىدى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: «جەڭگە چىق، مەن ئۇلارنى سۆزسىز
قولۇڭغا تاپشۇرىمەن» دېدى. 11 فىلىستىيلەر بائال-پەرازىمغا ھۇجۇم
قىلغىلى كەلگەندە، داۋۇت ئۇلارنى شۇ يەردە مەغلۇپ قىلدى ۋە: «خۇدا
مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق دۈشمەنلىرىم ئۈستىگە خۇددى كەلكۈن يارنى
ئېلىپ كەتكەندەك بۆسۈپ كىردى» دېدى. شۇڭا ئۇ يەر «بائال-پەرازىم»
دەپ ئاتالغان. 12 فىلىستىيلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى شۇ يەرگە تاشلاپ
قاچقانلىقتىن، داۋۇت ئادەملىرىگە ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى تاپىلىدى.
13 فىلىستىيلەر يەنە ھېلىقى جىلغىغا بۇلاڭ-تالاڭ قىلغىلى
كىرىۋىدى، 14 داۋۇت يەنە خۇدادىن يول سورىدى. خۇدا ئۇنىڭغا: «ئۇلارنى
ئارقىسىدىن قوغلىماي، ئەگىپ ئۆتۈپ، ئۇلارغا ئۈجمىلىكنىڭ
ئۇدۇلىدىن ھۇجۇم قىلغىن. 15 سەن ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ ئۈستىدىن
ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىشىڭ بىلەنلا جەڭگە ئاتلان؛ چۈنكى ئۇ چاغدا
خۇدا سېنىڭ ئالدىڭدا فىلىستىيلەرنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇمغا چىققان
بولىدۇ» دېدى. 16 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت خۇدانىڭ دېگىنى بويىچە
ئىش تۇتۇپ، فىلىستىيلەرنىڭ قوشۇنىغا گىبېئوندىن گەزەرگىچە
قوغلاپ زەربە بەردى. 17 شۇ سەۋەبتىن داۋۇتنىڭ شۆھرىتى بارلىق
يۇرت-زېمىنلارغا پۇر كەتتى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ قورقۇنچىنى بارلىق
ئەللەرنىڭ ئۈستىگە سالدى.

---

11:14 **«بائال-پەرازىم»** — «ئىگەم بۆسۈپ كىردى» دېگەن مەنىدە.

15:14 **«ئۈجمە دەرەخلىرى»** — بۇ بىزنىڭ قىياسىمىز. ئىبرانىي تىلىدا «يىغلىغۇچى دەرەخلەر». زادى قايسى دەرەخ ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. باشقا بىر قىياس «خىنە دەرەخلىرى».

## ئەھدە ساندۇقىنى يۆتكەشنىڭ تەييارلىقى

15 [1] داۋۇت داۋۇت شەھىرىدە ئۆزىگە ئۆي-ئوردىلار سالدۇردى، ھەم
خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىغا جاي ھازىرلىدى ۋە ئۇنىڭغا چېدىر
تىكتۈردى. [2] ئۇ چاغدا داۋۇت: «خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى لاۋىيلاردىن
بۆلەك كىشىلەرنىڭ كۆتۈرۈشىگە بولمايدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگار
ئۇنى كۆتۈرۈشكە ۋە مەڭگۈ ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا شۇلارنى
تاللىغانىدى» دېدى. [3] ئاندىن داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
ھازىرلاپ قويغان يەرگە يۆتكەش ئۈچۈن پۈتكۈل ئىسرائىللارنى
يېرۇسالېمغا يىغدى. [4] داۋۇت يەنە ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋە لاۋىيلارنى
يىغدى: [5] كوھاتنىڭ ئەۋلادلىرى جەمەت بېشى بولغان ئۇرىيەل ۋە
ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بىر يۈز يىگىرمە كىشى؛ [6] مەرارى ئەۋلادلىرىدىن
جەمەت بېشى بولغان ئاسايا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئىككى يۈز
يىگىرمە كىشى؛ [7] گەرشومنىڭ ئەۋلادلىرىدىن جەمەت بېشى بولغان
يوئېل ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بىر يۈز ئوتتۇز كىشى؛ [8] ئەلىزافاننىڭ
ئەۋلادلىرىدىن جەمەت بېشى بولغان شېمايا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى
ئىككى يۈز كىشى؛ [9] ھېبروننىڭ ئەۋلادلىرىدىن جەمەت بېشى بولغان
ئەلىيەل ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى سەكسەن كىشى؛ [10] ئۇززىيەلنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن جەمەت بېشى بولغان ئاممىناداب ۋە ئۇنىڭ
قېرىنداشلىرى بىر يۈز ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[11] داۋۇت كاھىنلاردىن زادوك بىلەن ئابىياتارنى، شۇنىڭدەك لاۋىيلاردىن
ئۇرىيەل، ئاسايا، يوئېل، شېمايا، ئەلىيەل ۋە ئاممىنادابنى چاقىرتىپ
كېلىپ ئۇلارغا: [12] «سىلەر لاۋىي جەمەتىنىڭ باشلىرىسىلەر؛
ئۆزۈڭلارنى ۋە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلارنى ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى مەن تەييارلاپ قويغان
يەرگە كۆتۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن پاك قىلىڭلار. [13] چۈنكى ئىلگىرى

---

12:15 **«ئۆزۈڭلارنى... پاك قىلىڭلار»** — ئىبرانىي تىلدا «ئۆزۈڭلارنى... پاك-مۇقەددەس قىلىڭلار». بۇ «پاك-مۇقەددەسلىك» رەسمىي ئىش بولۇپ، «مىس.» 29-باپتا ۋە «لاۋ.» 7-باپتا كۆرسىتىلگەندەك: (1) ئۆلۈك نەرسىلەرگە تەگمەسلىك؛ (2) تەنلىرىنى يۇيۇش؛ (3) پاكىز كىيىم-

سىلەر شۇنداق قىلماي، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئۇنىڭدىن يول سورىمىغىنىمىزدىن خۇدايىمىز پەرۋەردىگار بىزگە زەربە بەرگەن» دېدى. [14] شۇنىڭ بىلەن كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پاك قىلدى. [15] لاۋىيلار ئەمدى مۇسانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى بىلەن تاپىلىغىنى بويىچە، خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بالداق بىلەن مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈردى.

## نەغمە-ناۋاچىلار ھۆرمەت ئەترىتى

[16] داۋۇت يەنە لاۋىيلارنىڭ يولباشچىلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىدىن نەغمىچىلەرنى تەيىنلەشنى بۇيرۇدى؛ ئۇلار جۈملىدىن تەمبۇر، چىلتار، جاڭلار قاتارلىق ھەرخىل سازلارنى چېلىپ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ شاد-خۇراملىق ئىچىدە كۈي ئېيتىشقا تەيىنلەندى. [17] شۇڭلاشقا، لاۋىيلار يوئېلنىڭ ئوغلى ھېماننى ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى بەرەكىيانىڭ ئوغلى ئاسافنى ھەم ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بولغان مەرارىلاردىن كۇشاياھنىڭ ئوغلى ئېتاننى بەلگىلىدى. [18] ئۇلار بىلەن بىرلىكتە يەنە قېرىنداشلىرىدىن زەكەرىيا، بەن، ياازىيەل، شېمىراموت، يەھىيەل، ئۇننى، ئېلىئاب، بىناياھ، مائاسېياھ، ماتتىتىياھ، ئەلىفەلەھ، مىكنىيا ھەم دەرۋازىۋەن ئوبەد-ئېدوم بىلەن يەئىيەلنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەترەت قىلىپ تەشكىللىدى. [19] نەغمىچى ھېمان، ئاساف ۋە ئېتانلار مىس جاڭلار چېلىپ، ياڭراق ئاۋاز چىقىراتتى؛ [20] زەكەرىيا، ياازىيەل، شېمىراموت، يەھىيەل، ئۇننى، ئېلىئاب، مائاسېياھ ۋە بىنايالار تەمبۇر چېلىپ «ئالاموت ئۇسلۇبى»دا تەڭكەش قىلاتتى؛ [21] ماتتىتىياھ، ئەلىفەلەھ،

---

كىچەكنى كىيىش؛ (4) ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن «گۇناھ قۇربانلىقى سۈنۈش دېگەن تۆت ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن ئىدى.

13:15 **«زەربە بەرگەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بۆسۈپ باسقان».

20:15 **«ئالاموت ئۇسلۇبى»** ــ بۇنىڭ مەنىسى بىزگە ئېنىق ئەمەس؛ بەلكىم «(ئايالچە) يۇقىرى

مىكنىيا، ئوبەد-ئېدوم، يەئىيەل ۋە ئازازىيالار چىلتار چېلىپ
باشلامچىلىق قىلىپ، «شەمىنىت ئۇسلۇبى»دا تەڭكەش بولاتتى.
[22] لاۋىيلارنىڭ يولباشچىسى كەنانىيا مۇزىكىغا ناھايىتى پىششىق
بولغاچقا، مەخسۇس نەغمە-ناۋاچىلىقىقا مەسئۇل بولۇپ مۇزىكا
ئۆگىتەتتى. [23] بەرەكيا بىلەن ئەلكاناھ ئەھدە ساندۇقىغا مەسئۇل
ئىشىكباقارلار ئىدى. [24] شەبانىيا، يەھوشافات، نەتانەل، ئاماساي،
زەكەرىيا، بىنايا ۋە ئەلىئېزەر قاتارلىق كاھىنلار خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقى ئالدىدا كاناي چالاتتى؛ ئوبەد-ئېدوم بىلەن يەھىياھمۇ
ئەھدە ساندۇقىغا مەسئۇل ئىشىكباقار قىلىنىپ قويۇلغانىدى.

## ئەھدە ساندۇقى «داۋۇت شەھىرى»گە يۆتكەپ كېلىنىدۇ

1سام. 6:16-23

[25] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئىسرائىل ئاقساقاللىرى ۋە مىڭبېشى
قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىدىن خۇشاللىقتا
چوڭگەن ھالدا پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ چىققىلى
باردى. [26] ۋە شۇنداق بولدىكى، داۋۇتلار خۇدا پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان لاۋىيلارغا ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ،
يەتتە بۇقا ۋە يەتتە قوچقار قۇربانلىق قىلدى. [27] داۋۇت ۋە شۇنداقلا ئەھدە
ساندۇقىنى كۆتۈرىدىغان لاۋىيلار ھەمدە نەغمىچىلەر ھەم نەغمە-ناۋا
بېشى بولغان كەنانىيالارنىڭ ھەممىسى كاناپ لىباس كىيىشكەنىدى؛
داۋۇت ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە كاناپ ئەفود كىيگەنىدى. [28] پۈتكۈل
ئىسرائىل خەلقى ئەمدى شۇ تەرىقىدە تەنتەنە قىلىپ، بۇرغا، كاناي،

ئاۋاز بىلەن» دېگەننى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.
21:15 **«شەمىنىت ئۇسلۇبى»** ــ بۇنىڭ مەنىسى بىزگە ئېنىق ئەمەس؛ بەلكىم «ئەرەنچە تۆۋەن
ئاۋاز بىلەن» دېگەننى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.
24:15 **«يەھىياھ»** ــ «يەھىياھ» ۋە «جىيەل» دېگەن بىر ئىسىمدۇر.
27:15 **«ئەفود»** ــ ئادەتتە كاھىنلار ئالاھىدە كىيىدىغان پىنجەككە ئوخشاش بىر كىيىم ئىدى
(«مىس.» 28-بابنى كۆرۈڭ. ئۇنداق كىيىم كىيىشىلىش ئۆزىنى خۇداغا ئالايىتەن بېغىشلاشنى
بىلدۈرەتتى.

جاڭ-جاڭ، تەمبۇر، چىلتار قاتارلىق تۈرلۈك سازلار بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا مۇزىكا چېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى. [29] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى داۋۇت شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە سائۇلنىڭ قىزى مىقال پەنجىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تۇراتتى؛ ئۇ داۋۇتنىڭ سەكرەپ ئويناپ-چېلىپ تەنتەنە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىچىدە ئۇنى زاڭلىق قىلدى.

## مەدھىيە ئوقۇش، بەخت تىلەش

16 [1] ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ داۋۇت ئۇنىڭغا ھازىرلاپ قويغان چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئاندىن خۇدانىڭ ئالدىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى سۇندى. [2] داۋۇت كۆيدۈرمە قۇربانلىقى بىلەن ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى سۇنۇپ بولغاندىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا خەلققە بەخت تىلىدى. [3] ئۇ يەنە ئەر-ئايال دېمەي ئىسرائىللارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن نان، بىردىن خورما پوشكىلى، بىردىن ئۈزۈم پوشكىلى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

## لاۋىيلارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئالدىدىكى ۋەزىپىلىرى

[4] داۋۇت بىر قىسىم لاۋىيلارغا پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئالدىدا خىزمەتتە بولۇش، يەنى دۇئا-تىلاۋەت ئوقۇش، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-رەھمەت ئېيتىش ۋە كۈي-مۇناجات ئوقۇشنى بۇيرۇدى. [5] ئۇلارنىڭ يولباشچىسى بولسا ئاساف، ئاندىن زەكەرىيا ئىدى؛ باشقىلىرى بولسا يەئىيەل، شېمىراموت، يەھىيەل، ماتتىتىياھ، ئېلىئاب، بىنايا، ئوبەد-ئېدوم ۋە يەئىيەللەر ئىدى. ئۇلار تەمبۇر-چىلتار چېلىشقا قويۇلدى؛ ئاساف بولسا جاڭلارنى چالاتتى.

3:16 **«بىردىن خورما پوشكىلى»** ــ ياكى «بىر پارچىدىن گۆش».
4:16 **«دۇئا-تىلاۋەت ئوقۇش»** ــ ياكى «ئەسلەش»، «تەنتەنە قىلىش».

[6] بىنايا بىلەن ياھازىيەلدىن ئىبارەت ئىككى كاھىن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئالدىدا ھەردائىم كاناي چېلىشقا قويۇلدى.

## داۋۇتنىڭ پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇغان كۈيى

[7] شۇ كۈنى داۋۇت ئاساف ۋە قېرىنداشلىرىنى پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-رەھمەت ئېيتىشقا بەلگىلەپ ئۇلارغا بىرىنچىدىن مۇنۇ كۈيىنى تاپشۇردى: ــ

[8] «پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر قىلىڭلار،
ئۇنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلىڭلار،
ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئەللەر ئارىسىدا ئايان قىلىڭلار!
[9] ئۇنىڭغا ناخشىلار ئېيتىپ، ئۇنى كۈيلەڭلار،
ئۇنىڭ پۈتكۈل كارامەت مۆجىزىلىرى ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلىنىڭلار.
[10] مۇقەددەس نامىدىن پەخىرلىنىپ داڭلاڭلار،
پەرۋەردىگارنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كۆڭلى شادلانسۇن!
[11] پەرۋەردىگارنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ئىزدەڭلار،
ئۇنىڭ يۈز-ھۇزۇرىنى توختىماي ئىزدەڭلار.
[12] ئۇنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىنى،
كارامەت ئالامەتلىرىنى ھەم ئاغزىدىن چىققان ھۆكۈملىرىنى ئەستە تۇتۇڭلار،
[13] ئى ئۇنىڭ قۇلى ئىسرائىلنىڭ نەسلى،
ئۆزى تاللىغانلىرى، ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى!
[14] ئۇ، پەرۋەردىگار ــ خۇدايىمىز،
ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى پۈتكۈل يەر يۈزىدىدۇر.
[15] ئۇ ئۆزى تۈزگەن ئەھدىنى ئەبەدىي يادىڭلاردا تۇتۇڭلار ــ
بۇ ئۇنىڭ مىڭ ئەۋلادقىچە ۋەدىلەشكەن سۆزىدۇر ــ

---

**8:16** زەب. 105:1-15؛ 96:1-13؛ 106:1، 47، 48

[16] ئىبراھىم بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى،
يەنى ئىسھاققا ئىچكەن قەسىمدۇر.
[17] ئۇ بۇنى ياقۇپقىمۇ نىزام دەپ جەزملەشتۈردى،
ئىسرائىلغا ئەبەدىي ئەھدە قىلىپ بېرىپ: ــ
[18] «ساڭا قانائان زېمىنىنى بېرىمەن،
ئۇنى مىراسىڭ بولغان نېسىۋەڭ قىلىمەن» ــ دېدى.
[19] ئۇ چاغدا سىلەر ئاجىز ئىدىڭلار، ئادىمىڭلار ئاز ھەم ئۇ يەردە مۇساپىر ئىدىڭلار؛
[20] بۇ ئەلدىن ئۇ ئەلگە، بىر قەبىلىدىن يەنە بىر قەبىلىگە كۆچۈپ يۈرگەن.
[21] پەرۋەردىگار ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇلارنى بوزەك قىلىشىغا يول قويمىدى،
ئۇلارنى دەپ پادىشاھلارغىمۇ تەنبىھ بېرىپ: ــ
[22] «مەن مەسىھ قىلغانلارغا تەگمە،
پەيغەمبەرلىرىمگە يامان ئىش قىلما!» ــ دېدى.
[23] پۈتۈن جاھان، پەرۋەردىگارنى كۈيلەڭلار،
نىجاتىنى ھەر كۈنى ئېلان قىلىڭلار!
[24] ئۇنىڭ جۇلاسىنى ئەللەردە بايان قىلىڭلار،
ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى بارلىق خەلقلەر ئارىسىدا جاكارلاڭلار.
[25] چۈنكى پەرۋەردىگارىمىز ئۇلۇغدۇر،
زور ھەمدۇساناغا لايىقتۇر؛
ئۇ بارلىق ئىلاھلاردىن ئۈستۈن، ئۇنىڭدىن قورقۇش كېرەكتۇر؛
[26] چۈنكى بارلىق ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرى ــ بۇتلار خالاس،
بىراق پەرۋەردىگار ئاسمان-پەلەكنى ياراتقاندۇر.
[27] شانۇ-شەۋكەت ۋە ھەيۋەت ئۇنىڭ ئالدىدا،

---

17:16 **«ئۇ بۇنى ياقۇپقىمۇ نىزام دەپ جەزملەشتۈردى»** ــ مۇشۇ يەردە «ياقۇپ» ياقۇپنىڭ ئۆزىنى (ئىسرائىل خەلقى ئەمەس) كۆرسىتىدۇ.
25:16 **«ئۇنىڭدىن قورقۇش كېرەكتۇر»** ــ ياكى «ئۇ قورقۇنچلۇقتۇر».

قۇدرەت ۋە خۇشلۇق ئۇنىڭ جايىدىدۇر.
28 پەرۋەردىگارغا تەئەللۇقىنى بەرگەيسىلەر، ئى ئەل-قەبىلىلەر،
پەرۋەردىگارغا شان-شەرەپ ۋە قۇدرەتنى بەرگەيسىلەر!
29 پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا لايىق بولغان شان-شۆھرەتنى ئۇنىڭغا بەرگەيسىلەر؛
سوۋغا-سالام ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىڭلار،
پەرۋەردىگارغا پاك-مۇقەددەسلىكىنىڭ گۈزەللىكىدە سەجدە قىلىڭلار؛
30 پۈتكۈل يەر-يۈزى، ئۇنىڭ ئالدىدا تىترەڭلار!
دۇنيا مەزمۇت قىلىنغان، ئۇ تەۋرەنمەس ئەسلا.
31 ئاسمانلار شادلانسۇن، ۋە يەر-جاھان خۇش بولسۇن،
ئەللەر ئارىسىدا ئېلان قىلىنسۇن: ــ
«پەرۋەردىگار ھۆكۈم سۈرىدۇ!».
32 دېڭىز-ئوكيان ۋە ئۇنىڭغا تولغان ھەممە چۇقان سېلىپ جۇش ئۇرسۇن!
داللار ھەم ئۇلاردىكى ھەممە يايرىسۇن!
33 ئۇ چاغدا ئورماندىكى پۈتكۈل دەرەخلەر پەرۋەردىگار ئالدىدا ياڭرىتىپ ناخشا ئېيتىدۇ؛
چۈنكى مانا، ئۇ پۈتۈن جاھاننى سوراق قىلىشقا كېلىدۇ!
34 پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىڭلار!
چۈنكى ئۇ مېھرىباندۇر،
ئەبەدىيدۇر ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى.
35 ۋە: بىزنى قۇتقۇزغىن، ئى نىجاتىمىز بولغان خۇدا!
بىزنى يېنىڭغا يىغىۋالغايسەن،

---

28:16 **«پەرۋەردىگارغا... قۇدرەتنى بەرگەيسىلەر»** ــ مۇشۇ سۆزلەر بەلكىم شۇنى بىلدۈرىدۇكى، خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرسەك، مۇشۇ قىلغىنىمىز ئۇنىڭغا بىز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ.

29:16 **«پەرۋەردىگارغا پاك-مۇقەددەسلىكىنىڭ گۈزەللىكىدە سەجدە قىلىڭلار»** ــ ياكى «پەرۋەردىگارغا پاك-مۇقەددەس ئېگىنلەر بىلەن سەجدە قىلىڭلار».

مۇقەددەس نامىڭغا تەشەككۇر قىلىشقا،
ياىراپ سېنى مەدھىيىلەشكە،
بىزنى ئەللەردىن قۇتقۇزۇپ چىققايسەن! ــ دەڭلار!
[36] ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا،
ئەزەلدىن تا ئەبەدگىچە تەشەككۇر-مەدھىيە قايتۇرۇلسۇن!
پۈتكۈل خەلق «ئامىن!» دېدى ھەمدە پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇشتى.

## ئىبادەت چېدىرىدىكى باشقا ۋەزىپىلەر

[37] داۋۇت شۇ يەردە، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئالدىدا ھەر كۈندىكى ۋەزىپىگە مۇۋاپىق، ئەھدە ساندۇقى ئالدىدىكى خىزمەتتە داۋاملىق بولۇشقا ئاساف بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى قالدۇرۇپ قويىدى؛ [38] ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوبەد-ئېدوم بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئاتمىش سەككىز كىشى بار ئىدى؛ شۇنىڭدەك يەدۇتۇننىڭ ئوغلى ئوبەد-ئېدوم بىلەن خوساھ دەرۋازىۋەنلىككە قويۇلدى. [39] كاھىن زادوك بىلەن ئۇنىڭ كاھىن قېرىنداشلىرى گىبېئون ئېگىزلىكىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرى ئالدىدا، [40] پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلغا تاپىلىغان قانۇن-ئەھكاملىرىدا بارلىق يېزىلغىنى بويىچە، ھەركۈنى ئەتىسى-ئاخشىمى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھى ئۈستىدە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى سۇنۇشقا قويۇلدى. [41] ئۇلار بىلەن بىللە بولغانلار، يەنى ھېمان، يەدۇتۇن ۋە قالغان تاللانغانلار، شۇنداقلا بارلىق ئىسمى تىزىلغانلار پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر-رەھمەت ئېيتىشقا قويۇلدى (چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى ئەبەدگىچىدۇر!). [42] ھېمان ۋە يەدۇتۇن بولسا نەغمىچىلىككە، جۈملىدىن كاناي، جاڭ-جاڭ ۋە بارلىق مەدھىيە سازلىرىنى چېلىشقا مەسئۇل قىلىندى. يەدۇتۇننىڭ ئوغۇللىرى دەرۋازىغا قاراشقا قويۇلدى.
[43] بۇ ئىشلاردىن كېيىن بارلىق خەلق ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى؛ داۋۇتمۇ ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە بەخت تىلەشكە قايتتى.

## داۋۇتنىڭ پەرۋەردىگارغا ئۆي سېلىش نىيىتى

2سام. 7:1-15

17 1 داۋۇت ئۆز ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان چېغىدا، ناتان پەيغەمبەرگە:
«قارا، مەن كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن،
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى بولسا چېدىر پەردىلىرى ئاستىدا
تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى. 2 ناتان داۋۇتقا: «كۆڭلۈڭدە پۈككەنلىرىڭگە ئەمەل
قىلغىن؛ چۈنكى خۇدا سەن بىلەن بىللىدۇر» ــ دېدى.
3 شۇ كۈنى كېچىدە خۇدانىڭ سۆزى ناتانغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە:
ــ 4 «سەن بېرىپ قۇلۇم داۋۇتقا مۇنداق دېگىن: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: سەن مەن ئۈچۈن تۇرالغۇ ئۆي سالساڭ بولمايدۇ. 5 چۈنكى
مەن ئىسرائىللارنى باشلاپ چىققان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر
بىر ئۆيدە تۇرۇپ باقمىغانمەن، پەقەت بۇ چېدىردىن ئۇ چېدىرغا،
بىر چېدىرگاھدىن باشقا بىرىگە يۆتكىلىپ يۈردۈم، خالاس. 6 مەن
ئىسرائىل خەلقى بىلەن بىللە مەيلى قەيەرگە بارماي، ھېچقاچان
ئىسرائىلنىڭ بىرەر ھاكىمىغا، يەنى مېنىڭ خەلقىمنى بېقىشنى
تاپىلىغان بىرەرسىگە: نېمىشقا سىلەر ماڭا كېدىر ياغىچىدىن ئۆي
سېلىپ بەرمەيسىلەر؟ ــ دېدىممۇ؟
7 ئەمدى سەن قۇلۇم داۋۇتقا مۇنداق دېگىن: ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئېيتىدۇكى، مەن سېنى ئەمدى
يايلاقلاردىن، قويلارنىڭ ئارقىسىدىن ئېلىپ، خەلقىم ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىگە ئەمىر بولۇش ئۈچۈن چاقىرتىپ چىقتىم. 8 مەيلى قەيەرگە
بارمىغىن، مەن ھامان سېنىڭ بىلەن بىللە بولدۇم ۋە سېنىڭ
ئالدىڭدىن بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى يوقىتىپ كەلدىم؛ يەر يۈزىدىكى
ئۇلۇغلار نام-شۆھرەتكە ئىگە بولغاندەك سېنى نام-شۆھرەتكە سازاۋەر
قىلدىم. 9-10 مەن خەلقىم بولغان ئىسرائىلغا بىر جاينى بېكىتىپ،
ئۇلارنى شۇ يەردە تىكىپ ئۆستۈرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز زېمىنىدا
تۇرىدىغان، پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمايدىغان بولىدۇ. رەزىللەر
دەسلەپتىدىكىدەك ۋە مەن خەلقىم ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق

قىلىشقا ھاكىملارنى تەيىنلىگەن كۈنلەردىكىدەك، ئۇلارغا قايتىدىن
زۇلۇم سالمايدۇ. مەن بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى ساڭا بېقىندۇرىمەن.
ۋە مەنكى پەرۋەردىگار ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن سېنىڭ
ئۈچۈن بىر ئۆينى ياساپ بېرىمەن! [11] سېنىڭ كۈنلىرىڭ توشۇپ، ئاتا-
بوۋىلىرىڭنىڭ يېنىغا قايتقان ۋاقتىڭدا سېنىڭ نەسلىڭدىن، يەنى
ئوغۇللىرىڭدىن بىرىنى سېنىڭ ئورنۇڭنى باسىدىغان قىلىمەن؛
مەن ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى مۇستەھكەم قىلىمەن. [12] ئۇ ماڭا بىر
ئۆي ياسايدۇ، مەن ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى مەڭگۈ مۇستەھكەم
قىلىمەن. [13] مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ؛ مېھىر-
شەپقىتىمنى سېنىڭدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ئىدارە قىلغۇچىدىن جۇدا
قىلغىنىمدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز جۇدا قىلمايمەن؛ [14] ئۇنى مېنىڭ
ئۆيۈمدە ۋە مېنىڭ پادىشاھلىقىمدا مەڭگۈ تۇرغۇزىمەن؛ ئۇنىڭ تەختى
مەڭگۈ مەزمۇت بولۇپ تۇرغۇزۇلىدۇ». [15] ناتان بۇ بارلىق سۆزلەر ۋە بارلىق
ۋەھيىنى ھېچنېمە قالدۇرماي، داۋۇتقا ئېيتىپ بەردى.

## داۋۇتنىڭ دۇئاسى ۋە ھەمدۇساناسى

2سام. 7:18-29

[16] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت كىرىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ
مۇنداق دېدى: «ئى خۇدا پەرۋەردىگار، مەن زادى كىم ئىدىم، مېنىڭ
ئۆيۈم نېمە ئىدى، سەن مېنى مۇشۇ دەرىجىگە كۆتۈرگۈدەك؟ [17] لېكىن
ئى خۇدا پەرۋەردىگار، بۇ مەرتىۋىگە كۆتۈرگىنىڭ سېنىڭ نەزىرىڭدە
كىچىككىنە بىر ئىش ھېسابلاندى؛ چۈنكى سەن مەن قۇلۇڭنىڭ
ئۆيىنىڭ يىراق كەلگۈسى توغرۇلۇق سۆزلىدىڭ ۋە مېنى ئۇلۇغ
مەرتىۋىلىك زات دەپ قارىدىڭ، ئى خۇدا پەرۋەردىگار!

---

17:17 **«بۇ مەرتىۋىگە كۆتۈرگىنىڭ»** ــ دېمەك، «سەن مېنى مۇشۇ دەرىجىگە كۆتۈرگەن» دېگەن سۆز (18-ئايەت) ئۇنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن خۇدا بۇ ئىمتىيازدىن يەنە كۆپ ئىمتىيازلارنى قوشۇپ بەرمەكچى. 9-16-ئايەتلەرنى قايتىدىن كۆرۈڭ. **«مېنى ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زات دەپ قارىدىڭ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «مېنى يۇقىرىدىكى (شۇ

[18] سەن كەمىنەڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەن شۇنداق شان-شەرەپ توغرۇلۇق
داۋۇت ساڭا نېمە دېيەلىسۇن؟ چۈنكى سەن دەرۋەقە ئۆز قۇلۇڭنى
ئۆزۈڭ بىلىسەن. [19] ئاھ پەرۋەردىگار، پېقىر قۇلۇڭ ئۈچۈن ھەمدە ئۆز
كۆڭلۈڭدىكى نىيىتىڭ بويىچە بۇ بارلىق ئۇلۇغلۇقنى كۆرسىتىپ،
بۇ چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئايان قىلدىڭ. [20] ئاھ پەرۋەردىگار،
قۇلىقىمىز تولۇق ئاڭلىغىنى بويىچە ساڭا تەڭ كەلگۈدەك ھېچكىم
يوق؛ سېنىڭدىن بۆلەك ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. [21] دۇنيادا قايسى بىر
ئەل خەلقىڭ ئىسرائىلغا تەڭ كېلەلىسۇن؟ ئۇلارنى ئۆزۈڭگە خاس
بىردىنبىر خەلق بولۇش ئۈچۈن قۇتقۇلدۇرۇشقا باردىڭ ھەمدە مىسىردىن
قۇتقۇلدۇرۇپ چىققان خەلقىڭ ئالدىدىن يات ئەللەرنى قوغلاپ چىقىرىپ،
ئۇلۇغۋار ۋە بەھەيۋەت ئىشلار ئارقىلىق ئۆز نامىڭنى تىكلىدىڭ!
[22] سەن خەلقىڭ ئىسرائىلنى مەڭگۈ ئۆزۈڭنىڭ خەلقىڭ قىلدىڭ؛ ئاھ
پەرۋەردىگار، سەنمۇ ئۇلارنىڭ خۇداسى بولدۇڭ.
[23] ئاھ پەرۋەردىگار، ئەمدى پېقىر قۇلۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆيى توغرۇلۇق
قىلغان ۋەدەڭ مەڭگۈگە ئەمەل قىلىنسۇن؛ سەن دېگەنلىرىڭ
بويىچە ئىشنى ئادا قىلغايسەن! [24] ئامىن، ۋەدەڭ ئەمەل قىلىنسۇن،
شۇنداقلا نامىڭ مەڭگۈ ئۇلۇغلانسۇن، كىشىلەر: «ساماۋى قوشۇنىنىڭ
سەردارى پەرۋەردىگار ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، ھەقىقەتەن ئىسرائىلغا
خۇدادۇر!» دېسۇن؛ ۋە شۇنداق بولۇپ، پېقىر قۇلۇڭ داۋۇتنىڭ ئۆي-
جەمەتى سېنىڭ ئالدىڭدا مەزمۇت تۇرغۇزۇلسۇن. [25] ئاھ خۇدايىم، سەن
پېقىر قۇلۇڭغا ساڭا ئۆي ياسايمەن، دېگەن ۋەھىي كەلتۈردۈڭ؛ شۇڭا
قۇلۇڭ سېنىڭ ئالدىڭدا مۇشۇنداق دۇئا قىلىشقا جۈرئەت قىلدى.
[26] ئاھ پەرۋەردىگار، سەن بىردىنبىر خۇدادۇرسەن، سەن پېقىر قۇلۇڭغا
مۇشۇنداق ئامەتنى بېرىشنى ۋەدە قىلدىڭ؛ [27] ئەمدى پېقىر قۇلۇڭنىڭ
ئۆي-جەمەتىگە ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا مەڭگۈ
تۇرۇشىغا ساقلىغايسەن. چۈنكى سەن، ئاھ پەرۋەردىگار، پېقىرنىڭ

ئىنساننىڭ قاتارىدا قارىدىڭ». بۇ تەرجىمىسى توغرا بولسا «يۇقىرىدىكى ئىنسان»، يەنى مەسىھ توغرۇلۇق بېشارەت بولىدۇ.

ئۆي-جەمەتىگە ئىلتىپات قىلدىڭ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەڭگۈگە
بەخت-ئىلتىپاتقا نېسىپ بولىدۇ».

## داۋۇت فىلىستىي، موئابىي ۋە زوباھلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ

2سام. 8:1-15

18 [1] شۇ ئىشتىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، داۋۇت فىلىستىيلەرگە
ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن گاتنى
ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەرنى تارتىۋالدى. [2] ئۇ يەنە موئابىيلارغا
ھۇجۇم قىلدى؛ موئابىيلار ئۇنىڭغا بېقىنىپ، ئولپان تۆلەيدىغان بولدى.
[3] زوباھنىڭ پادىشاھى ھادادئېزەر ئۆز تەۋەسىنى ئەفرات دەرياسىغىچە
كېڭەيتىشكە ئاتلىنىپ چىققاندا، داۋۇت تاكى خاماتقا قەدەر ئۇنىڭغا
ھۇجۇم قىلدى. [4] داۋۇت ئۇنىڭ مىڭ جەڭ ھارۋىسىنى ئولجا ئالدى،
يەتتە مىڭ ئاتلىق لەشكىرىنى، يىگىرمە مىڭ پىيادە لەشكىرىنى
ئەسىر ئالدى. داۋۇت بارلىق جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ پېيىنى
قىرقىتىۋېتىپ، پەقەت يۈز ھارۋىغا قوشقىدەك ئاتنىلا ئېلىپ قالدى.

## داۋۇت سۇرىيەلەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ

[5] دەمەشقتىكى سۇرىيلەر زوباھنىڭ پادىشاھى ھادادئېزەرگە ياردەم
بېرىشكە كەلدى؛ داۋۇت سۇرىيلەردىن يىگىرمە ئىككى مىڭ ئەسكەرنى
ئۆلتۈردى. [6] داۋۇت سۇرىيەدىكى دەمەشق رايونىغا قاراۋۇل ئەترەتلىرىنى
تۇرغۇزۇۋىدى، سۇرىيلەر داۋۇتقا بېقىنىپ، ئۇنىڭغا ئولپان تۆلەيدىغان
بولدى. داۋۇت قەيەرگە جەڭگە چىقمىسۇن، پەرۋەردىگار ئۇنى قوغداپ
تۇردى. [7] داۋۇت ھادادئېزەرنىڭ خىزمەتكارلىرى ئىشلىتىدىغان ئالتۇن
قالقانلارنىڭ ھەممىسىنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ قايتتى. [8] ئۇ يەنە
ھادادئېزەرگە تەۋە تىبهات بىلەن كۇندىن ئىبارەت ئىككى شەھەردىن

---

6:18 **«پەرۋەردىگار ئۇنى قوغداپ تۇردى»** — ياكى «پەرۋەردىگار غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ تۇردى».

نۇرغۇن مىس ئولجا ئالدى؛ كېيىنكى زامانلاردا سۇلايمان مۇشۇ مىسلارنى ئىشلىتىپ مىس كۆل، مىس تۈۋرۈكلەر ۋە باشقا بارلىق مىس ئەسۋابلارنى ياساتقان.

[9] خامات پادىشاھى توۋ داۋۇتنىڭ زوباھ پادىشاھى ھادادئېزەرنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىغانلىقىنى ئاڭلاپ، [10] ئۆز ئوغلى ھادورامنى داۋۇتقا سالام بېرىپ، ئۇنىڭ ھادادئېزەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلغان غەلىبىسىنى تەبرىكلەشكە ئەۋەتتى. چۈنكى توۋ ئەسلىدە ھادادئېزەر بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. ھادورام ھەرخىل ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ئەسۋاب-جابدۇقلارنى سوۋغا قىلىپ ئەكەلدى. [11] داۋۇت پادىشاھ بۇ ئەسۋاب-جابدۇقلارنى ھەرقايسى ئەللەردىن، جۈملىدىن ئېدوم، موئاب، ئاممونلاردىن، فىلىستىيلەردىن ۋە ئامالەكلەردىن ئولجا ئالغان ئالتۇن-كۈمۈشلەر بىلەن قوشۇپ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارغا بېغىشلىدى.

## داۋۇت ئېدوملارنى مەغلۇپ قىلدۇ

[12] زەرۇئىيانىڭ ئوغلى ئابىشاي «شور ۋادىسى»دا ئېدومىيلاردىن ئون سەككىز مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. [13] داۋۇت ئېدومدا قاراۋۇل ئەترەتلىرىنى تۇرغۇزدى؛ ئېدوملارنىڭ ھەممىسى داۋۇتقا بېقىندى. داۋۇت قەيەرگە جەڭگە چىقمىسۇن، پەرۋەردىگار ئۇنى قوغداپ تۇردى.

## داۋۇتنىڭ مۇھىم خىزمەتكارلىرى

2سام. 8:16-18؛ 20:23-26

[14] داۋۇت پادىشاھ بولۇپ پۈتۈن ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، بارلىق خەلقىگە ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. [15] زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئاب قوشۇنغا سەردار، ئاھىلۇدنىڭ ئوغلى

---

8:18 «تىبھات» ــ ياكى «تەباھ».

9:18 «توۋ» ــ «2سام.» 9:9دە «تويى».

13:18 «پەرۋەردىگار ئۇنى قوغداپ تۇردى» ــ ياكى «پەرۋەردىگار غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ تۇردى».

يەھوشافات مىرزا، [16] ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى زادوك بىلەن ئابىياتارنىڭ
ئوغلى ئابىمەلەك باش كاھىن، شاۋشا كاتىپ، [17] يەھويادانىڭ ئوغلى
بىنايا كەرەتىيلەر بىلەن پەلەتىيلەرنىڭ يولباشچىسى ئىدى؛ داۋۇتنىڭ
ئوغۇللىرى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەمەلدارلار بولدى.

## داۋۇتنىڭ ئەلچىلىرى ھاقارەتلىنىدۇ

2سام. 10:1-19

19 [1] كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇنداق بولدىكى، ئاموونلارنىڭ
پادىشاھى ناھاش ئۆلدى؛ ئوغلى ھانۇن ئورنىغا پادىشاھ بولدى.
[2] داۋۇت: «ناھاش ماڭا ئىلتىپات كۆرسەتكىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوغلى
ھانۇنغا ئىلتىپات كۆرسىتىمەن» دەپ، ئاتىسىنىڭ پەتىسىگە ئۇنىڭ
كۆڭلىنى سوراشقا ھانۇننىڭ يېنىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. داۋۇتنىڭ
ئەلچىلىرى ئاموونلارنىڭ زېمىنىغا يېتىپ كېلىپ، كۆڭلىنى سورىغىلى
ھانۇن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. [3] لېكىن ئاموونلارنىڭ ئەمەلدارلىرى
ھانۇنغا: «داۋۇتنى راستلا ئاتىلىرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ
سىلىگە كۆڭۈل سورىغىلى ئادەم ئەۋەتىپتۇ، دەپ قاراملا؟ ئۇنىڭ
خىزمەتكارلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا كېلىشى بۇ يەرنى
كۆزىتىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، چارلاش ئۈچۈن ئەمەسمىدۇ؟»
ــ دېدى. [4] شۇنىڭ بىلەن ھانۇن داۋۇتنىڭ خىزمەتكارلىرىنى تۇتۇپ،
ئۇلارنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ ھەم كىيىملىرىنىڭ
بەلدىن تۆۋىنىنى كەستۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئۇلارنى قويۇۋەتتى. [5] بەزىلەر
كېلىپ داۋۇتقا ئەلچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇردى؛ ئۇ ئۇلارنى
كۈتۈۋېلىشقا ئالدىغا ئادەم ئەۋەتتى، چۈنكى ئۇلار تولىمۇ ئىزا-ئاھانەتتە
قالغانىدى. شۇڭا پادىشاھ ئۇلارغا: «ساقال-بۇرۇتىڭلار ئۆسكىچىلىك
يېرىخو شەھىرىدە تۇرۇپ ئاندىن يېنىپ كېلىڭلار» دېدى.

---

17:18 **«كەرەتىيلەر بىلەن پەلەتىيلەر»** ــ بەلكىم داۋۇتقا ئالاھىدە مۇھاپىزەتچىلەر ياكى ئالاھىدە زەربىدار ئەسكەرلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

## ئامونلار ئۆرۈشقا تەييارلىنىدۇ

[6] ئامونلار ئۆزلىرىنىڭ داۋۇتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدى، ھانۇن ۋە ئامونلار ئارام-ناھارائىم، ئارام-مائاكاھ ۋە زوباھدىن جەڭ ھارۋىسى ۋە ئاتلىق لەشكەر ياللاشقا ئادەم ئەۋەتىپ مىڭ تالانت كۈمۈش بەردى. [7] ئۇلار ئوتتۇز ئىككى مىڭ جەڭ ھارۋىسى، شۇنداقلا مائاكاھ پادىشاھى بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىنى ياللىۋالدى؛ ئۇلار مەدەبانىڭ ئالدىغا كېلىپ بارگاھ قۇردى. ئامونلارمۇ جەڭ قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن كېلىپ جەم بولۇشتى. [8] داۋۇت بۇنى ئاڭلاپ يوئاب بىلەن بارلىق ئەسكەر قوشۇنىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاردى. [9] ئامونلار چىقىپ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى؛ جەڭگە ئاتلىنىپ چىققان پادىشاھلارمۇ دالادا ئايرىم سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتى.

## سۇرىيەلەر بىلەن ئامونلار مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ

[10] يوئاب ئۆزىنىڭ ئالدى-كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن ئىسرائىلدىن بىر قىسىم سەرخىل ئادەملەرنى تاللاپ، سۇرىيەلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا ئۇلارنى سەپتە تۇرغۇزدى؛ [11] ئۇ قالغان ئادەملىرىنى ئىنىسى ئابىشايغا تاپشۇردى، شۇنىڭدەك ئۇلار ئۆزلىرىنى ئامونلار بىلەن جەڭ قىلىشقا سەپ قىلىپ تەييارلىدى.
[12] يوئاب ئابىشايغا: «ئەگەر سۇرىيەلەر ماڭا كۈچلۈك كەلسە، سەن ماڭا ياردەم بەرگەيسەن؛ ئەمما ئامونلار ساڭا كۈچلۈك كەلسە، مەن بېرىپ ساڭا ياردەم بېرەي. [13] جۈرئەتلىك بولغىن! ئۆز خەلقىمىز ئۈچۈن ۋە خۇدايىمىزنىڭ شەھەرلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلايلى. پەرۋەردىگار ئۆزىگە لايىق كۆرۈنگىنىنى قىلغاي! ــ دېدى.

---

6:19 «ئارام-ناھارائىم» ــ ياكى «مېسوپوتامىيە». «ئارام» بولسا سۇرىيەنىڭ كونا نامىدۇر.
«مىڭ تالانت كۈمۈش» ــ مىڭ تالانت كۈمۈش 30000 كىلوگرامچە بولۇشى مۇمكىن.

## داۋۇت سۇرىيلەر بىلەن ئاممونلارنى مەغلۇپ قىلدۇ

[14] ئەمدى يوئاب ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئادەملەر سۇرىيلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى چىقتى؛ سۇرىيلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن قاچتى. [15] سۇرىيلەرنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرگەن ئاممونلارمۇ يوئابنىڭ ئىنىسى ئابىشاينىڭ ئالدىدىن قېچىپ، شەھەرگە كىرىۋالدى. ئاندىن يوئاب يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلدى.

[16] سۇرىيلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغىنىنى كۆرگەندە، ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەفرات دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سۇرىيلەرنى چاقىرتىپ كەلدى. ھادادئېزەرنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى بولغان شوفاق ئۇلارغا يېتەكچى ئىدى.

[17] بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان داۋۇت پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىنى يىغىپ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سۇرىيلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارغا قارشى سەپ تۈزۈپ تۇردى. داۋۇتنىڭ سەپ تۈزگەنلىكىنى كۆرگەن سۇرىيلەر جەڭگە ئاتلاندى. [18] سۇرىيلەر ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن قاچتى؛ داۋۇت سۇرىيلەردىن يەتتە مىڭ جەڭ ھارۋىلىقنى ۋە قىرىق مىڭ پىيادە لەشكەرنى ئۆلتۈردى ۋە يەنە سۇرىيلەرنىڭ سەردارى شوفاقنى ئۆلتۈردى. [19] ھادادئېزەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىسرائىل ئالدىدا يېڭىلگىنىنى كۆرگەندە، داۋۇت بىلەن سۈلھ قىلىپ ئۇنىڭغا بېقىندى؛ شۇنىڭدىن كېيىن سۇرىيلەر ئىككىنچى ئاممونىيلارغا ياردەم بېرىشنى خالىمايدىغان بولدى.

---

18:19 **«قىرىق مىڭ پىيادە لەشكەر»** — ياكى «قىرىق مىڭ ئاتلىق» — «2سام.» 18:10نى كۆرۈڭ. ئۇنىڭدا «يەتتە يۈز جەڭ ھارۋىسى» دېيىلىدۇ. پەرقىنىڭ سەۋەبى بەلكىم: (1) قولىمىزدىكى كۆچۈرمىلەردە كۆچۈرگۈچىنىڭ سەۋەنلىكى بولۇشى مۇمكىن؛ (2) ئىككى ئايەتتە خاتىرىلەنگەن سانلارنى ھېسابلاش نۇقتىسى ئوخشىمايدىغان بولۇشى مۇمكىن.

19:19 **«ھادادئېزەرنىڭ ئەمەلدارلىرى»** — ياكى «ھادادئېزەرگە بېقىنغانلار» — «2سام.» 19:10نى كۆرۈڭ

## يوئابنىڭ ئاممونلارنىڭ پايتەختى رابباھنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغانلىقى

2سام. 12:26-31

20 [1] شۇنداق بولدىكى، يېڭى يىلنىڭ بېشىدا، پادىشاھلار جەڭگە
ئاتلانغان ۋاقىتتا، يوئاب كۈچلۈك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ،
ئاممونلارنىڭ يەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئاندىن رابباھنى مۇھاسىرىگە
ئالدى. ئۇ چاغدا داۋۇت يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتاتتى. يوئاب رابباھغا
ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. [2] داۋۇت ئۇلارنىڭ
پادىشاھىنىڭ بېشىدىن تاجنى ئېلىۋىدى (ئالتۇنىنىڭ ئېغىرلىقى
بىر تالانت چىقتى، ئۇنىڭغا ياقۇتلار قوندۇرۇلغانىدى)، كىشىلەر بۇ
تاجنى داۋۇتنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى. داۋۇت شەھەردىن يەنە
نۇرغۇن جەڭ غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ كەتتى. [3] ئۇ يەنە شەھەردىكى
خەلقنى ئېلىپ چىقىپ ھەرە، جوتۇ ۋە پالتا بىلەن ئىشلەشكە سالدى؛
داۋۇت ئاممونىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى خەلقلەرنىمۇ شۇنداق
ئىشلەتتى؛ ئاندىن داۋۇت كۆپچىلىك بىلەن يېرۇسالېمغا قايتتى.

## داۋۇت فىلىستىيلەرنى ئۈچ قېتىم مەغلۇپ قىلدۇ. تۆت گىگانتنىڭ قەتل قىلىنىشى

2سام. 21:18-22

[4] شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىسرائىللار گەزەردە فىلىستىيلەر بىلەن
سوقۇشتى؛ ئۇ چاغدا خۇشاتلىق سىببىكاي رەفايىيلاردىن بولغان
سىپپاي ئىسىملىك بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، فىلىستىيلەر تىز پۈكتى.

---

1:20 **«يېڭى يىلنىڭ بېشىدا»** ــ خۇدا يەھۇدىي خەلقىگە تاپشۇرغان كالېندار بويىچە «يېڭى يىل» ئەتىيازدا باشلىناتتى («مىس.» 2:12).

2:20 **«داۋۇت ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ بېشىدىن تاجنى ئېلىۋىدى»** ــ ياكى «داۋۇت بۇتى ملكومنىڭ بېشىدىن تاجنى ئېلىۋىدى». **«ئېغىرلىقى بىر تالانت»** ــ بىر تالانت بەلكىم 30 كىلوگرام ئىدى.

**2:20** 2سام. 30:12

[5] كېيىنچە ئىسرائىللار بىلەن فىلىستىيلەر يەنە سوقۇشتى؛
يائىرنىڭ ئوغلى ئەلھانەن گاتلىق گولىياتنىڭ ئىنىسى لاخمىنى
ئۆلتۈردى؛ بۇ ئادەمنىڭ نەيزىسىنىڭ دەستىسى باپكارنىڭ ئوقىدەك
توم ئىدى. [6] كېيىنكى ۋاقىتلاردا گاتتا يەنە سوقۇش بولدى؛ ئۇ يەردە
ناھايىتى بەستلىك بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ قولىدىمۇ، پۇتىدىمۇ
ئالتىدىن بارماق بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە تۆت بارمىقى بار ئىدى؛
ئۇمۇ رەفايىيلاردىن ئىدى. [7] بۇ ئادەم ئىسرائىللارنى تىللىغىلى
تۇرۇۋىدى، داۋۇتنىڭ ئاكىسى شىمېيانىڭ ئوغلى يوناتان چىقىپ ئۇنى
ئۆلتۈرۈۋەتتى. [8] بۇلار گاتلىق رافانىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ھەممىسى
داۋۇت ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ قولىدا ئۆلدى.

## داۋۇتنىڭ گۇناھى ـ ئۇ ئاھالىنى ساناقتىن ئۆتكۈزىدۇ

2سام. 24:1-25

21 [1] شەيتان ئىسرائىللارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، داۋۇتنى
ئىسرائىللارنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈشكە ئېزىقتۇردى. [2] شۇڭا
داۋۇت يوئابقا ۋە خەلقنىڭ يولباشچىلىرىغا: «سىلەر بەئەر-شېبادىن
دانغىچە ئارىلاپ ئىسرائىللارنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ كېلىپ مېنىڭ

4:20 **«رەفايىيلار»** ــ بەلكىم گىگانتلار ئىدى. «2سام.» 21:16-22نى كۆرۈڭ.
6:20 **«رەفايىيلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «رافانىڭ نەسلى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، «رەفايىيلار» رافانىڭ ئەۋلادلىرى.
1:21 **«شەيتان ئىسرائىللارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، داۋۇتنى ئىسرائىللارنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈشكە ئېزىقتۇردى»** ــ «ساناقتىن ئۆتكۈزۈش» دېگەن سۆز ئىسرائىلنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى كۆزدە تۇتىدۇ. 5-ئايەتنى كۆرۈڭ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «دۈشمەنىنىڭ ئىسرائىللارغا زەربە بەرمەكچى بولغىنى داۋۇتنى ئىسرائىللارنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈشكە ئالدىراتتى» («شەيتان» ۋە «دۈشمەن» ئىبرانىي تىلىدا بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ). بىزنىڭچە «ئېزىقتۇرىدۇ» ياكى «ئالدىراتتى» دېگەن سۆز بىر روھىي كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا «شەيتان» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. «2سام.» 24:1نىمۇ كۆرۈڭ.

بىلەن كۆرۈشۈڭلار، ئۇلارنىڭ سانىنى بىلەي» دېدى. [3] لېكىن يوئاب
جاۋابەن: ــ«پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى ھازىر مەيلى قانچىلىك بولسۇن،
يۈز ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەي. لېكىن ئى خوجام پادىشاھىم، ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ خىزمىتىڭدە تۇرۇۋاتقانلار ئەمەسمۇ؟ خوجام بۇ
ئىشنى زادى نېمە دەپ تەلەپ قىلىدۇ؟ خوجام ئىسرائىلنى نېمىشقا
گۇناھقا مۇپتىلا قىلىدىلا؟» ــ دېدى.
[4] لېكىن پادىشاھنىڭ سۆزى يوئابنىڭ سۆزىنى بېسىپ چۈشتى؛ شۇڭا
يوئاب چىقىپ پۈتۈن ئىسرائىل زېمىنىنى ئارىلاپ يېرۇسالېمغا قايتىپ
كەلدى. [5] يوئاب ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن خەلقنىڭ سانىنى داۋۇتقا مەلۇم
قىلدى؛ پۈتۈن ئىسرائىلدا قولىدا قىلىچ كۆتۈرەلەيدىغان ئادەملەر
بىر مىليون بىر يۈز مىڭ؛ يەھۇدالاردىن قولىدا قىلىچ كۆتۈرەلەيدىغان
ئادەملەر تۆت يۈز يەتمىش مىڭ بولۇپ چىقتى. [6] بىراق لاۋىيلار بىلەن
بىنيامىنلارلا ساناققا كىرمىدى؛ چۈنكى پادىشاھنىڭ بۇ بۇيرۇقى
يوئابنىڭ نەزىرىدە يىرگىنچلىك ئىدى.

## پەرۋەردىگار جازا چۈشۈردۇ

[7] خۇدا بۇ ئىشنى يامان كۆرگەچكە، ئىسرائىللارغا زەربە بەردى. [8] داۋۇت
خۇداغا: «مەن بۇ ئىشنى قىلىپ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپتىمەن؛ ئەمدى
مەنكى قۇلۇڭنىڭ بۇ قەبىھلىكىنى كەچۈرۈشىڭنى تىلەيمەن، چۈنكى
مەن تولىمۇ ئەخمىقانە ئىش قىپتىمەن» ــ دېدى.
[9] پەرۋەردىگار داۋۇتنىڭ ئالدىن كۆرگۈچىسى بولغان گادقا: [10] سەن بېرىپ

2:21 **«بەئەر-شېبادىن دانغىچە»** ــ «بەئەر-شېبا» ئىسرائىل زېمىنىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتىدە، «دان» بولسا ئەڭ شىمالىي چېتىدە ئىدى.

3:21 **«خوجام ئىسرائىلنى نېمىشقا گۇناھقا مۇپتىلا قىلىدىلا؟»** ــ قىزىق يېرى شۇكى، يوئاب ئادەتتە خۇدادىن ئانچە قورقمايدىغان ئادەم بولۇپ، مۇشۇ ۋاقىتلاردا خوجىسىغا قارىغاندا، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئوبدان بىلەتتى. «خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش» دېگەن گۇناھ توغرۇلۇق «سامۇئىل»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

7:21 **«خۇدا بۇ ئىشنى يامان كۆرگەچكە، ئىسرائىللارغا زەربە بەردى»** ــ نېمىشقا خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ؟ بۇ توغرۇلۇق «سامۇئىل»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ

داۋۇتقا ئېيتىپ: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇكى، مەن ساڭا ئۈچ بالا-
قازانى ئالدىڭدا قويىمەن؛ شۇنىڭدىن بىرىنى تاللىۋال، مەن شۇنى
بېشىڭلارغا چۈشۈرىمەن» دېگىن، ــ دېدى.
[11] شۇنىڭ بىلەن گاد داۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ: «پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: [12] «قېنى تاللىغىن: يا ئۈچ يىل ئاچارچىلىقتا قېلىشتىن، يا
ئۈچ ئاي دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدىن قېچىپ، ياۋلىرىڭ تەرىپىدىن قوغلاپ
قىلىچلىنىشىدىن ۋە ياكى ئۈچ كۈن پەرۋەردىگارنىڭ قىلىچىنىڭ
ئۇرۇشى ــ يەنى ۋابا كېسىلىنىڭ زېمىندا تارقىلىشى، پەرۋەردىگارنىڭ
پەرىشتىسىنىڭ ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن چېگرىسىنى خاراب قىلىشىدىن
بىرىنى تاللىغىن». ئەمدى ئويلىنىپ كۆر، بىر نېمە دېگىن؛ مەن مېنى
ئەۋەتكۈچىگە نېمە دەپ جاۋاپ بېرەي؟» دېدى. [13] داۋۇت گادقا: «مەن
بەك قاتتىق تەڭلىكتە قالدىم؛ ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ قولىغا چۈشەي
دەيمەن، چۈنكى ئۇ تولىمۇ شەپقەتلىكتۇر. پەقەت ئىنسانلارنىڭ قولىغا
چۈشمىسەم، دەيمەن» دېدى.
[14] شۇ سەۋەبلىك پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا ۋابا تارقاتتى؛ ئىسرائىللاردىن
يەتمىش مىڭ ئادەم ئۆلدى. [15] خۇدا يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلىپ تاشلاش
ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى؛ ئۇ ۋەيران قىلىۋاتقاندا، پەرۋەردىگار
ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆزى چۈشۈرگەن بۇ بالا-قازادىن پۇشايمان قىلىپ
قالدى-دە، ۋەيران قىلغۇچى پەرىشتىگە: «بەس! ئەمدى قولۇڭنى
تارت!» دېدى. ئۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يەبۇسىي
ئورناننىڭ خامىنىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. [16] داۋۇت بېشىنى كۆتۈرۈپ،
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدا،
قولىدىكى غىلاپتىن سۇغۇرغان قىلىچىنى يېرۇسالېمغا تەڭلەپ
تۇرغانلىقىنى كۆردى. داۋۇت بىلەن ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى بۆز
رەختكە ئورالغان ھالدا يەرگە دۈم يىقىلدى. [17] داۋۇت خۇداغا: «خەلقنىڭ
سانىنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇغۇچى مەن ئەمەسمۇ؟ گۇناھ قىلىپ

---

15:21 **«ئورنان»** ــ ياكى «ئاراۋنا». «2سام.» 24:16نى كۆرۈڭ.

بۇ رەزىللىك ئۆتكۈزگۈچى مەندۇرمەن؛ بۇ بىر يادا قويلار بولسا، زادى نېمە قىلدى؟ ئاھ، پەرۋەردىگار خۇدايىم، قولۇڭ ئۆز خەلقىڭگە ئەمەس، بەلكى ماڭا ۋە مېنىڭ جەمەتىمگە چۈشكەي، ۋابانى ئۆز خەلقىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرمىگەيسەن!» دېدى.

## داۋۇت قۇربانگاھ سېلىپ قۇربانلىق سۇندۇ

[18] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى گادقا: سەن بېرىپ داۋۇتقا ئېيتقىن، ئۇ يەبۇسىي ئورناننىڭ خامىنىغا چىقىپ پەرۋەردىگارغا بىر قۇربانگاھ سالسۇن، دېيىشى، [19] داۋۇت گادنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا ئېيتقىنى بويىچە شۇ يەرگە چىقتى. [20] ئۇ چاغدا ئورنان بۇغداي تېپىۋاتاتتى؛ ئورنان بۇرۇلۇپ پەرىشتىنى كۆرۈپ، ئۆزى تۆت ئوغلى بىلەن مۆكۈۋالغاندى. [21] داۋۇت ئورناننىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ داۋۇتنى كۆرۈپ، خاماندىن چىقىپ كەلدى-دە، بېشىنى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىپ داۋۇتقا تەزىم قىلدى.

[22] داۋۇت ئورنانغا: «خەلق ئىچىدە تارالغان ۋابانى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن، مۇشۇ خاماننى ۋە ئەتراپىدىكى يەرنى ماڭا سېتىپ بەرسەڭ، بۇ يەردە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانگاھ سالاي دەيمەن. سەن تولۇق باھا قويۇپ بۇ يېرىڭنى ماڭا سېتىپ بەرسەڭ» دېدى.

[23] ــ ئالسىلا، غوجام پادىشاھىمنىڭ قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلغاي؛ قارىسىلا، قۇربانلىق قىلىشقا كالىلارنى بېرەي، خامان تېپىدىغان تىرنىلارنى ئوتۇن قىلىپ قالسىلا، بۇغداينى ئاش ھەدىيەسىگە ئىشلەتسىلە؛ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۆزلىرىگە تۇتتۇم، دېدى ئورنان داۋۇتقا.

[24] «ياق»، ــ دېدى داۋۇت ئورنانغا، ــ «قانداقلا بولمىسۇن مەن تولۇق باھاسى بويىچە سېتىۋالىمەن؛ چۈنكى مەن سېنىڭكىنى ئېلىۋېلىپ پەرۋەردىگارغا ئاتىسام بولمايدۇ، بەدەل تۆلىمەي كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى ھەرگىز سۇنمايمەن».

[25] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئالتە يۈز شەكەل ئالتۇننى ئۆلچەپ ئورنانغا

بېرىپ ئۇ يەرنى سېتىۋالدى.
[26] داۋۇت ئۇ يەرگە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانگاھ سالدى ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقى سۇنۇپ، پەرۋەردىگارغا نىدا قىلدى؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭ تىلىگىنى قوبۇل كۆرۈپ، جاۋابەن ئاسماندىن كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىغا ئوت چۈشۈردى.
[27] پەرۋەردىگار پەرىشتىسىنى بۇيرۇۋىدى، ئۇ قىلىچىنى قايتىدىن غىلىپىغا سالدى.

## مۇقەددەس ئىبادەتخانا سېلىش ئورنىنى بېكىتىش

[28] ئۇ چاغدا، داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ يەبۇسىيلاردىن بولغان ئورناننىڭ خامىنىدا ئۇنىڭ تىلىكىگە جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ يەردە قۇربانلىق سۇنۇشقا باشلىدى. [29] ئۇ چاغدا، مۇسا چۆلدە ياساتقان پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرى ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھى گىبېئوننىڭ ئېگىزلىكىدە ئىدى؛ [30] لېكىن داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ قىلىچىدىن قورقۇپ، ئۇ يەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇدادىن يول سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

22 [1] شۇڭا داۋۇت: «مانا بۇ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئۆيى بولىدىغان جاي، مانا بۇ ئىسرائىل ئۈچۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنىدىغان قۇربانگاھ بولىدۇ» ــ دېدى.

## مۇقەددەس ئىبادەتخانا سالىدىغان ماتېرىياللارنى هازىرلاش

[2] داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى سالدۇرۇش ئۈچۈن ئىسرائىل زېمىنىدىكى يات ئەلدىكىلەرنى يىغىشنى بۇيرۇدى ھەم تاشلارنى

25:21 **«ئالتە يۈز شەكەل»** ــ 600 شەكەل 7 كىلوگرامچە بولاتتى. «2سام.» 24:24 بويىچە ئۇ «خامان ۋە كاللار» ئۈچۈن 50 شەكەل كۈمۈش بېرىدۇ. مۇشۇ يەردە ئۇ شۇبھىسىزكى ئورناننىڭ پۈتكۈل «يەر»نى سېتىۋالىدۇ.

ئويۇشقا تاشچىلارنى تەيىنلىدى. [3] ئىشىك-دەرۋازىلارغا ئىشلىتىشكە
مىق ۋە گىرە-بالداق ياساش ئۈچۈن نۇرغۇن تۆمۈر تەييارلىدى؛ يەنە
نۇرغۇن مىس تەييارلىدىكى، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى تارازىلاپ بولماي
تتتى؛ [4] ئۇ يەنە سان-ساناقسىز كېدىر ياغىچى تەييارلىدى، چۈنكى
زىدونلۇقلار بىلەن تۇرلۇقلار داۋۇتقا نۇرغۇن كېدىر ياغىچى يەتكۈزۈپ
بەرگەنىدى. [5] داۋۇت كۆڭلىدە: «ئوغلۇم سۇلايمان تېخى ياش، بىر يۇمران
كۆچەت خالاس، پەرۋەردىگارغا سېلىنىدىغان ئۆي ناھايىتى بەھەيۋەت
ۋە كاتتا بولۇشى، شان-شۆھرىتى بارلىق يۇرتلارغا يېيىلىشى كېرەك؛
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆيگە كېتىدىغان ماتېرىياللارنى ھازىرلاپ قويۇشۇم
كېرەك» دەپ ئويلىدى. شۇڭا داۋۇت ئۆلۈشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن
ماتېرىيال ھازىرلاپ قويدى.

## داۋۇت سۇلايمانغا مۇقەددەس ئۆي سېلىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ

[6] داۋۇت ئوغلى سۇلايماننى قىچقىرىپ ئۇنىڭغا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
بولغان پەرۋەردىگارغا ئۆي سېلىشنى تاپىلىدى. [7] داۋۇت سۇلايمانغا
مۇنداق دېدى: «ئى ئوغلۇم، مەن ئەسلىدە پەرۋەردىگار خۇدايىمنىڭ
نامىغا ئاتاپ بىر ئۆي سېلىشنى ئويلىغان، [8] لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى كېلىپ ماڭا مۇنداق دېگەندە: «سەن نۇرغۇن ئادەمنىڭ قېنىنى
تۆكتۈڭ، نۇرغۇن چوڭ جەڭلەرنى قىلدىڭ؛ سېنىڭ مېنىڭ نامىمغا
ئاتاپ ئۆي سېلىشىڭغا بولمايدۇ، چۈنكى سەن مېنىڭ ئالدىمدا
نۇرغۇن ئادەمنىڭ قېنىنى يەرگە تۆكتۈڭ. [9] قارا، سېنىڭدىن بىر ئوغۇل
تۆرۈلىدۇ؛ ئۇ ئارام-تىنچلىق ئادىمى بولىدۇ، مەن ئۇنى ھەر تەرەپتىكى
دۈشمەنلىرىدىن ئارام تاپقۇزىمەن؛ ئۇنىڭ ئىسمى دەرۋەقە سۇلايمان
ئاتىلىدۇ، ئۇ تەختتىكى كۈنلىرىدە مەن ئىسرائىلغا ئارام-تىنچلىق ۋە
ئاسايىشلىق ئاتا قىلىمەن. [10] ئۇ مېنىڭ نامىمغا ئاتاپ ئۆي سالىدۇ؛ ئۇ

---

3:22 **«گىرە-بالداق»** — ياكى «ئىلمەك-ئىلگەكلەر».

9:22 **«ئۇنىڭ ئىسمى دەرۋەقە سۇلايمان ئاتىلىدۇ»** — «سۇلايمان» دېگەن ئىسىم ئىبرانىي تىلىدىكى «شالوم» (تىنچلىق، خاتىرجەملىك»كە باغلىق (ئەرەب تىلىدا «سالام»).

ماڭا ئوغۇل بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن؛ مەن ئۇنىڭ ئىسرائىل ئۈستىدىكى پادىشاھلىق تەختىنى مەڭگۈ مەزمۇت قىلىمەن».
[11] ئى ئوغلۇم، ئەمدى پەرۋەردىگار سېنىڭ بىلەن بىللە بولغاي! شۇنىڭ بىلەن يولۇڭ راۋان بولۇپ، ئۇنىڭ سېنىڭ توغرۇلۇق بەرگەن ۋەدىسى بويىچە پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ ئۆيىنى سالىسەن. [12] پەرۋەردىگار ساڭا پەم ۋە ئەقىل بەرگەي ۋە ئىسرائىلنى ئىدارە قىلىشقا كۆرسەتمە بەرگەي، سېنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ مۇقەددەس قانۇنىغا ئەمەل قىلىدىغان قىلغاي. [13] شۇ ۋاقىتتا، پەرۋەردىگار ئىسرائىللار ئۈچۈن مۇساغا تاپشۇرغان بەلگىلىمە-ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلساڭ، يولۇڭ راۋان بولىدۇ. قەيسەر، باتۇر بول! قورقما، ھودۇقۇپمۇ كەتمە. [14] قارا، مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتلىرىم ئارقىلىق يۈز مىڭ تالانت ئالتۇن، مىڭ مىڭ تالانت كۈمۈش ۋە ئىنتايىن كۆپ، سان-ساناقسىز مىس، تۆمۈر تەييارلىدىم؛ يەنە ياغاچ ۋە تاش تەييارلىدىم؛ بۇنىڭغا يەنە سەن قوشساڭ بولىدۇ. [15] بۇنىڭدىن باشقا سېنىڭدە يەنە تاش كەسكۈچى، تامچى، ياغاچچى ھەم ھەرخىل خىزمەتلەرنى قىلالايدىغان نۇرغۇن ئۇستىلار بار؛ [16] ئالتۇن-كۈمۈش، مىس، تۆمۈر بولسا سان-ساناقسىز؛ سەن ئىشقا تۇتۇشۇشقا ئورنۇڭدىن تۇر، پەرۋەردىگارىم سېنىڭ بىلەن بىللە بولغاي!»

## داۋۇت ئەمەلدارلارغا سۇلايماننىڭ ئۆي سېلىشىغا ياردەملىشىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ

[17] داۋۇت يەنە ئىسرائىلدىكى ئەمەلدارلارغا ئوغلى سۇلايمانغا ياردەم بېرىشنى تاپىلاپ: [18] «خۇدايىڭلار بولغان پەرۋەردىگار سىلەر بىلەن

---

13:22 **«ھودۇقۇپمۇ كەتمە»** ــ ياكى «غەيرەتسىز بولما».
14:22 **«يۈز مىڭ تالانت ئالتۇن»** ــ ئاز دېگەندە 3000 توننا ئالتۇن. **«مىڭ مىڭ تالانت»** ــ ئاز دېگەندە 30000 توننا كۈمۈش.
16:22 **«ئالتۇن-كۈمۈش، مىس، تۆمۈر بولسا سان-ساناقسىز»** ــ ياكى «زەرگەر، مىسكەر، تۆمۈرچىلەر بولسا ساناقسىزدۇر».

بىللە ئەمەسمۇ؟ ھەر ئەتراپىڭلاردا سىلەرگە تىنچ-ئاراملىق بەرگەن ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئۇ بۇ زېمىندىكى ئاھالىنى قولۇمغا تاپشۇردى؛ زېمىن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ۋە خەلقىنىڭ ئالدىدا تىزگىنلەندى.
[19] ئەمدى سىلەر پۈتۈن قەلبىڭلار، پۈتۈن جېنىڭلار بىلەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، خۇدايىڭلار بولغان پەرۋەردىگارنى ئىزلەڭلار؛ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ۋە خۇدانىڭ مۇقەددەسخانىسىدىكى قاچا-ئەسۋابلىرىنى ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ سېلىنغان ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مۇقەددەسخانىسىنى سېلىشقا ئورنۇڭلاردىن قوپۇڭلار!» دېدى.

## لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە گۇرۇپپىلىنىشى

23 [1] داۋۇت قېرىپ كۈنلىرى توشاي دەپ قالغاندا، ئوغلى سۇلايماننى ئىسرائىل ئۈستىگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [2] داۋۇت ئىسرائىلدىكى ئەمەلدارلارنى، كاھىنلارنى ۋە لاۋىيلارنى يىغدى. [3] لاۋىيلاردىن ئوتتۇز ياشتىن ئاشقانلارنىڭ ھەممىسى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلدى؛ تىزىملانغىنى بويىچە، ئۇلاردىن ئەرلەر جەمئىي ئوتتۇز سەككىز مىڭ كىشى ئىدى. [4] داۋۇت: «بۇلارنىڭ ئىچىدە يىگىرمە تۆت مىڭ كىشى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە، ئالتە مىڭ كىشى ئەمەلدار ۋە سوتچىلىققا، [5] تۆت مىڭ كىشى دەرۋازىۋەنلىككە ۋە يەنە تۆت مىڭ كىشى مەن ياسىغان سازلار بىلەن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇش ئىشىغا قويۇلسۇن» ــ دېدى. [6] داۋۇت ئۇلارنى لاۋىينىڭ ئوغلى گەرشون، كوھات ۋە مەرارى جەمەتلىرى بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلدى: ــ

---

19:22 «ئەمدى سىلەر پۈتۈن قەلبىڭلار، پۈتۈن جېنىڭلار بىلەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، خۇدايىڭلار بولغان پەرۋەردىگارنى ئىزلەڭلار» ــ ئىبرانىي تىلدا «ئەمدى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى ئىزلەشكە جان-دىلىڭلارنى چىڭ قىلىڭلار» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

[7] گەرشونىيلاردىن لادان بىلەن شىمەي بار ئىدى؛ [8] لادانىنىڭ ئوغلى:
تونجى ئوغلى يەھىيەل، يەنە زىتام بىلەن يوئېلدىن ئىبارەت
ئۈچ كىشى ئىدى؛ [9] شىمەيىنىڭ ئوغلىدىن شېلومىت، ھازىيەل ۋە
ھاراندىن ئىبارەت ئۈچ كىشى ئىدى؛ يۇقىرىقىلار لادانىنىڭ جەمەت
باشلىقلىرى ئىدى. [10] شىمەيىنىڭ ئوغۇللىرى جاھات، زىنا، يەئۇش
ۋە بېرىياھ، بۇ تۆتەيلەننىڭ ھەممىسى شىمەيىنىڭ ئوغلى ئىدى.
[11] جاھات تونجى ئوغۇل، زىزا ئىككىنچى ئوغۇل ئىدى؛ يەئۇش بىلەن
بېرىياھنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپ بولمىغاچقا، بىر جەمەت گۇرۇپپىسى
دەپ ھېسابلانغان. [12] كوھاتنىڭ ئوغۇللىرى ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە
ئۇززىيەلدىن ئىبارەت تۆت كىشى ئىدى.
[13] ئامرامنىڭ ئوغلى ھارۇن بىلەن مۇسا ئىدى. ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرى ئەڭ مۇقەددەس بۇيۇملارنى پاكلاش، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
مەڭگۈگە قۇربانلىقلارنى سۇنۇش، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، مەڭگۈ
ئۇنىڭ نامىدىن بەخت تىلەپ دۇئا بېرىشكە ئايرىلغانىدى. [14] خۇدانىڭ
ئادىمى مۇساغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى لاۋىي قەبىلىسىدىن دەپ
ھېسابلىنىپ پۈتۈلگەن. [15] مۇسانىڭ ئوغلى گەرشوم بىلەن ئەلىئېزەر
ئىدى. [16] گەرشومنىڭ ئوغۇللىرىدىن شەبۇيەل چوڭ ئوغلى ئىدى.
[17] ئەلىئېزەرنىڭ ئوغلى رەھابىيا ئىدى؛ ئەلىئېزەرنىڭ باشقا ئوغلى
بولمىغان، لېكىن رەھابىيانىڭ ئوغۇللىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى.
[18] يىزھارنىڭ تونجى ئوغلى شېلومىت ئىدى. [19] ھېبروننىڭ ئوغۇللىرى:
تونجى ئوغلى يېرىيا، ئىككىنچى ئوغلى ئامارىيا، ئۈچىنچى ئوغلى
ياھازىيەل، تۆتىنچى ئوغلى جەكامىيام ئىدى. [20] ئۇززىيەلنىڭ
ئوغۇللىرى: تونجى ئوغلى مىكاھ، ئىككىنچى ئوغلى يىششىيا ئىدى.
[21] مەرارىنىڭ ئوغلى ماھلى بىلەن مۇشى ئىدى؛ ماھلىنىڭ ئوغلى
ئەلىئازار بىلەن كىش ئىدى. [22] ئەلىئازار ئۆلگەندە ئوغلى يوق، قىزلىرىلا

---

10:23 **«زىنا»** ــ 11-ئايەتتە «زىزا».

13:23 **«قۇربانلىقلارنى سۇنۇش»** ــ ياكى «خۇشبۇي يېقىش».

17:23 **«ئەلىئېزەرنىڭ ئوغلى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئەلىئېزەرنىڭ ئوغۇللىرى».

بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى، يەنى كىشىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇ قىزلارنى ئەمرىگە ئالدى. [23] مۇشىنىڭ ماهلى، ئېدەر ۋە يەرەموت دېگەن ئۈچلا ئوغلى بار ئىدى.

[24] يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى لاۋىينىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، جەمەتلىرى بويىچە، يەنى جەمەت باشلىرى بويىچە يىگىرمە ياشتىن ئاشقان ئەركەكلەر رويخەتكە ئېلىنغان؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشكە ئىسىملىرى بويىچە تىزىملانغانىدى.

[25] چۈنكى داۋۇت: «ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە ئارام بېرىپ، ئۆزى مەڭگۈ يېرۇسالېمدا ماكان قىلىدۇ؛ [26] شۇنىڭ بىلەن لاۋىيلارنىڭ مۇقەددەس چېدىرنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى قاچا-ئەسۋابلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەنىدى.

[27] شۇڭا داۋۇتنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە، لاۋىيلارنىڭ يىگىرمە ياشتىن يۇقىرىلىرىنىڭ ھەممىسى ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنىدى. [28] ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش ئىدى؛ ئۇلار ھويلا-ئارامىلارنى باشقۇرۇش، بارلىق مۇقەددەس بۇيۇملارنى پاكىز تۇتۇش، قىسقىسى، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل ئىدى؛ [29] يەنە «تىزىلغان تەقدىم نان»، ئاش ھەدىيە ئۇنلىرى، پېتىر قوتۇرماچلار، قازان نانلىرى ۋە مايلىق نانلارغا، شۇنداقلا ھەرخىل ئۆلچەش ئەسۋابلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛ [30] ئۇلار يەنە ھەركۈنى ئەتىگەندە ئۆرە تۇرۇپ پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىپ ھەمدۇسانا ئوقۇيتتى، ھەركۈنى كەچلىكىمۇ شۇنداق قىلاتتى. [31] يەنە شابات كۈنى، ھەر يېڭى ئايدا، شۇنىڭدەك بېكىتىلگەن ھېيت-بايراملاردا سۇنۇلىدىغان بارلىق كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا مەسئۇل ئىدى. ئۆزلىرىگە قارىتىلغان بەلگىلىمە بويىچە، ئۇلار دائىم پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا بېكىتىلگەن سانى ۋە نۆۋىتى بىلەن

خىزمەتتە تۇراتتى. [32] ئۇلار جامائەت چېدىرىنى ھەم مۇقەددەس جاينى باقاتتى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتتە بولۇۋاتقان قېرىنداشلىرى، يەنى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا قارايتتى.

## داۋۇت كاھىنلارنى نۆۋەت-گۇرۇپپىلارغا بۆلىدۇ

24 [1] ھارۇن ئەۋلادلىرىنىڭ نۆۋەتچىلىككە بۆلۈنۈشى تۆۋەندىكىچە: ھارۇننىڭ ئوغلى ناداب، ئابىھۇ، ئەلئازار ۋە ئىتامار. [2] ناداب بىلەن ئابىھۇ ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ھەم پەرزەنت كۆرمىگەنىدى؛ شۇڭا ئەلئازار بىلەن ئىتامار كاھىنلىقنى تۇتاتتى. [3] داۋۇت ۋە ئەلئازارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن زادوك ۋە ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئاخىمەلەك ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، ۋەزىپىسى بويىچە ئىشقا قويدى؛ [4] ئەلئازارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن جەمەت بېشى بولغانلار ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن جەمەت بېشى بولغانلاردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارنى شۇنىڭغا ئاساسەن ئايرىپ نۆۋەت-گۇرۇپپىلارغا بۆلدى. ئەلئازارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن جەمەت بېشى بولغانلار ئون ئالتە كىشى ئىدى، ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن جەمەت بېشى بولغانلار سەككىز كىشى ئىدى؛ [5] ئۇلار چەك تاشلاش يولى بىلەن تەقسىملەپ نۆۋەت-گۇرۇپپىلارغا بۆلۈندى. شۇنداق قىلىپ مۇقەددەسخانىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولغانلار ۋە خۇدانىڭ ئالدىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولغانلار ھەم ئەلئازارنىڭ ئەۋلادلىرىدىنمۇ ھەم ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرىدىنمۇ بولدى. [6] لاۋىي

31:23 «يەنە شابات كۈنى، ھەر يېڭى ئايدا، شۇنىڭدەك بېكىتىلگەن ھېيت-بايراملاردا سۇنۇلىدىغان بارلىق كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا مەسئۇل ئىدى» — لاۋىيلار ئۆزلىرى قۇربانلىقلارنى سۇنمايتتى، بىراق ئۇلارنى تەييارلاشقا مەسئۇل ئىدى.

5:24 «مۇقەددەسخانىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولغانلار» — بەلكىم ئىبادەتخانىدىكى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «خۇدانىڭ ئالدىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولغانلار» بولسا بەلكىم سوت-سوراق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەلئازار ۋە ئىتامار دېگەن ئىككى جەمەتتىن ئىككى خىل ۋەزىپىنى ئۆتىگە ئالغانلار بار ئىدى.

نەتانەلنىڭ ئوغلى شىمايا كاتىپ بولسا پادىشاھ، ئەمەلدارلار، كاھىن زادوك، ئابىياتارنىڭ ئوغلى ئاخىمەلەك، شۇنداقلا كاھىنلارنىڭ ۋە لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى پۈتۈپ قويدى. ئەلئازارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن بىر جەمەت تاللاندى، ئاندىن ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىنمۇ بىر جەمەت تاللاندى.
[7]بىرىنچى چەك يەھويارىبقا، ئىككىنچى چەك يەدايىغا، [8]ئۈچىنچى چەك ھارىمغا، تۆتىنچى چەك سېئورىمغا، [9]بەشىنچى چەك مالكىياغا، ئالتىنچى چەك مىيامىنغا، [10]يەتتىنچى چەك ھاككوزغا، سەككىزىنچى چەك ئابىياغا، [11]توققۇزىنچى چەك يەشۇئاغا، ئونىنچى چەك شېكانىياغا، [12]ئون بىرىنچى چەك ئەلىياشىبقا، ئون ئىككىنچى چەك ياكىمغا، [13]ئون ئۈچىنچى چەك ھۇپپاغا، ئون تۆتىنچى چەك يەشەبئابقا، [14]ئون بەشىنچى چەك بىلگاھقا، ئون ئالتىنچى چەك ئىممەرگە، [15]ئون يەتتىنچى چەك ھېزىرغا، ئون سەككىزىنچى چەك ھاپپىزەزگە، [16]ئون توققۇزىنچى چەك پېتاھىياغا، يىگىرمىنچى چەك يەھەزكەلگە، [17]يىگىرمە بىرىنچى چەك ياقىنغا، يىگىرمە ئىككىنچى چەك گامۇلغا، [18]يىگىرمە ئۈچىنچى چەك دېلاياغا، يىگىرمە تۆتىنچى چەك مائازىياغا چىقتى. [19]مانا بۇ ئۇلارنىڭ خىزمەت تەرتىپى؛ بۇ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئاتىسى ھارۇننىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇيرۇغان نىزام بويىچە، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىش نۆۋىتى ئىدى.

## لاۋىينىڭ باشقا ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەزىپىسى

[20]لاۋىينىڭ قالغان ئەۋلادلىرى مۇنۇلار: ئامرامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شۇبايەل؛شۇبايەلنىڭئەۋلادلىرىئىچىدەيەھدىيابارئىدى.[21]رەھابىياغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، جۈملىدىن تۇنجى ئوغلى يىششىيا بار ئىدى. [22]يىزھارنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە شېلوموت؛ شېلوموتنىڭ

16:24 **«يەھەزكەل»** ــ ئەزاكىيال دېگەن ئىسمىنىڭ باشقا بىر شەكلى.

ئوغۇللىرى ئىچىدە جاھات بار ئىدى. [23] ھېبروننىڭ ئوغۇللىرى: تۇنجى ئوغلى يەرىيا، ئىككىنچىسى ئامارىيا، ئۈچىنچىسى ياھازىيەل، تۆتىنچىسى جەكامىيام ئىدى. [24] ئۇززىيەلنىڭ ئوغۇللىرى: مىكاھ؛ مىكاھنىڭ ئوغۇللىرىدىن شامىر بار ئىدى. [25] مىكاھنىڭ ئىنىسى يىششىيا ئىدى؛ يىششىيانىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە زەكەرىيا بار ئىدى. [26] مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى: ماھلى ۋە مۇشى؛ يائازىيانىڭ ئوغلى بېنو ئىدى. [27] مەرارىنىڭ ئوغلى يائازىيادىن بولغان ئەۋلادلىرى بېنو، شوھام، زاككۇر ۋە ئىبرى بار ئىدى. [28] ماھلىنىڭ ئوغلى ئەلئازار ئىدى؛ ئەلئازارنىڭ ئوغلى يوق ئىدى. [29] كىشكە كەلسەك، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە يەراھمىيەل بار ئىدى. [30] مۇشىنىڭ ئوغۇللىرى ماھلى، ئېدەر ۋە يەرىموت ئىدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى لاۋىينىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، جەمەتلىرى بويىچە پۈتۈلگەنىدى. [31] ئۇلارمۇ ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش، داۋۇت پادىشاھ، زادوك، ئاخىمەلەك ۋە شۇنىڭدەك كاھىنلار ۋە لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرىنىڭ ئالدىدا چەك تارتتى؛ ھەرقايسى جەمەت باشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئەڭ كىچىكلىرىمۇ ئوخشاشلا چەك تارتتى.

## داۋۇت نەغمىچىلەرنى تەشكىل قىلىدۇ

25 [1] داۋۇت بىلەن قوشۇننىڭ سەردارلىرى ئاساف، ھېمان ۋە يەدۇتۇنلارنىڭ ئوغۇللىرىغىمۇ ۋەزىپە يۈكلەپ، ئۇلارنى چىلتار، تەمبۇر ۋە جاڭ-جاڭلار چېلىپ، بېشارەت بېرىش خىزمىتىگە قويىدى.

---

23:24 **«ھېبروننىڭ ئوغۇللىرى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە پەقەت «ئۇنىڭ ئوغۇللىرى» دېيىلىدۇ. لېكىن 23:19نى كۆرۈڭ.

26:24 **«مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى: ماھلى ۋە مۇشى؛ يائازىيانىڭ ئوغلى بېنو ئىدى»** ــ بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار.

31:24 **«ئۇلارمۇ ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش، ... ھەرقايسى جەمەت باشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئەڭ كىچىكلىرىمۇ ئوخشاشلا چەك تارتتى»** ــ مۇشۇ قالغان لاۋىيلارنىڭ نېمە ۋەزىپىلىرى بارلىقى مۇشۇ يەردە ئېنىق ئېيتىلمايدۇ.

**ئۇلاردىن ۋەزىپىگە قويۇلغانلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: [2]ئاسافنىڭ**
**ئوغۇللىرىدىن زاككۇر، يۈسۈپ، نىتانىيا ۋە ئاشارىلاھ بار ئىدى؛**
**ئاسافنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئاسافنىڭ كۆرسەتمىسىگە**
**قارايتتى؛ ئاساف پادىشاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بېشارەت بېرىپ**
**سۆزلەيتتى.**
**[3]يەدۇتۇنغا كەلگەندە، ئۇنىڭ گەدالىيا، زېرى، يەشايا، شىمەي، ھاشابىيا**
**ۋە ماتتىتىياھ دېگەن ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى يەدۇتۇننىڭ**
**كۆرسەتمىسىگە قارايتتى. يەدۇتۇن پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر ئېيتىپ**
**مەدھىيە ئوقۇش ئۈچۈن چىلتار چېلىپ بېشارەت بېرەتتى.**
**[4]ھېماننىڭ بولسا، ئۇنىڭ بۇككىيا، ماتتانىيا، ئۇززىيەل، شەبۇيەل،**
**يەرىموت، ھانانىيا، ھانانى، ئەلىياتا، گىددالتى ۋە رومامتى-ئېزەر،**
**يوشبىكاشا، ماللوتى، ھوتىر ۋە ماخازىئوت دېگەن ئوغۇللىرى بار ئىدى.**
**[5]بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېماننىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، خۇداغا بولغان**
**مەدھىيىسىنى ياڭرىتىش ئۈچۈن قويۇلغان (ھېمان بولسا پادىشاھقا**
**خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى يەتكۈزىدىغان ئالدىن كۆرگۈچى ئىدى)؛**
**خۇدا ھېمانغا ئون تۆت ئوغۇل، ئۈچ قىز ئاتا قىلغانىدى. [6]بۇلارنىڭ**
**ھەممىسى ئاتىلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ**
**ئۆيىدە نەغمە-ناۋا قىلىش ئۈچۈن، جاڭ-جاڭ، تەمبۇر ۋە چىلتار**
**چېلىپ خۇدانىڭ ئۆيىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئاساف، يەدۇتۇن**

---

3:25 **«گەدالىيا، زېرى، يەشايا، شىمەي، ھاشابىيا ۋە ماتتىتىياھ»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «شىمەي» دېگەن ئىسىم يوقاپ كەتكەن.

5:25 **«خۇداغا بولغان مەدھىيىسىنى ياڭرىتىش»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مۈڭگۈزنى (ياكى بۇرغىنى) كۆتۈرۈش» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۈڭگۈز بولسا ئادەمنىڭ (ياكى خۇدانىڭ) ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. **«خۇدا ھېمانغا ئون تۆت ئوغۇل، ئۈچ قىز ئاتا قىلغانىدى»** ــ ھېماننىڭ قىزلىرىمۇ بۇ مەدھىيە خىزمىتىدە ئىدى.

—تولۇق ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېماننىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، خۇدانىڭ ھېمانغا بولغان سۆز-كالامى بويىچە ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلگەنىدى (ھېمان بولسا پادىشاھنىڭ ئالدىن كۆرگۈچىسى ئىدى)؛ خۇدا ھېمانغا ئون تۆت ئوغۇل، ئۈچ قىز ئاتا قىلغانىدى».

ۋە ھېمان بۇ ئىشلاردا پادىشاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە قارايتتى.[7] ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ سانى جەمئىي ئىككى يۈز سەكسەن سەككىز ئىدى (ئۇلار ھەممىسى پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەش نەغمە-ناۋالىقىدا ئالاھىدە تەربىيە كۆرگەن، كۆپ ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى).
[8] ئۇلار چوڭ-كىچىكىگە، ئۇستاز-شاگىرتلىقىغا قارىماي ھەممىسى بىردەك چەك تارتىپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەنىدى.

## يىگىرمە تۆت مەدھىيىلەش گۇرۇپپىسى

[9] بىرىنچى چەك ئاسافنىڭ ئوغلى يۈسۈپكە، ئىككىنچى چەك گەدالىياغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئىنىلىرى ۋە ئوغۇللىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ [10] ئۈچىنچى چەك زاككۇرغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ [11] تۆتىنچى چەك ئىزرىغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ [12] بەشىنچى چەك نەتانىياغا چىقتى؛ ئۇ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ [13] ئالتىنچى چەك بۇككىياغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ [14] يەتتىنچى چەك يەشارىلاھقا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ [15] سەككىزىنچى چەك يەشاياغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ [16] توققۇزىنچى چەك ماتتانىياغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى

6:25 **«بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتىلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا بولۇپ، ...»** — «ئاتىلىرى» ئاساف، يەدۇتۇن ۋە ھېماندىن ئىبارەت. ئاساف ۋە ھېمانلار ھەربىرى زەبۇردىكى نەچچە كۈيلەرنى يازغان (مەسىلەن 50-، 73-82-كۈيى، 88-كۈيى. يەدۇتۇن 39-، 62- ۋە 77-كۈيدە تىلغا ئېلىنىدۇ).

9:25 **«ئۇنىڭ ئىنىلىرى»** — ياكى «ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى». 10-18-ئايەتلەردىكى «ئىنىلىرى»مۇ شۇنداق.

11:25 **«ئىزرى»** — ياكى «زىرى» (3:25نى كۆرۈڭ).

14:25 **«يەشارىلاھ»** — ياكى «ئاشارىلاھ» (2:25نى كۆرۈڭ).

كىشى ئىدى؛ 17 ئونىنچى چەك شىمەيگە چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى
ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 18 ئون بىرىنچى
چەك ئازارەلگە چىقتى؛ ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي
ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 19 ئون ئىككىنچى چەك ھاشابىياغا چىقتى؛
ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى
ئىدى؛ 20 ئون ئۈچىنچى چەك شۇبايەلگە چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە
ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 21 ئون تۆتىنچى چەك
ماتتىتىياھقا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي
ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 22 ئون بەشىنچى چەك يەرىموتقا چىقتى؛ ئۇ،
ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى
ئىدى؛ 23 ئون ئالتىنچى چەك ھانانىياغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە
ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 24 ئون يەتتىنچى چەك
يوشبىكاشاغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي
ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 25 ئون سەككىزىنچى چەك ھانانىغا چىقتى؛
ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى
ئىدى؛ 26 ئون توققۇزىنچى چەك ماللوتىغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە
ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 27 يىگىرمىنچى چەك
ئەلىياتاغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي
ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 28 يىگىرمە بىرىنچى چەك ھوتىرغا چىقتى؛ ئۇ،
ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛
29 يىگىرمە ئىككىنچى چەك گىددالتىغا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە
ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 30 يىگىرمە ئۈچىنچى
چەك ماخازىئوتقا چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ
جەمئىي ئون ئىككى كىشى ئىدى؛ 31 يىگىرمە تۆتىنچى چەك رومامتى-
ئېزەرگە چىقتى؛ ئۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى بولۇپ جەمئىي ئون
ئىككى كىشى ئىدى.

---

18:25 **«ئازارەل»** ــ ياكى «ئۇززىيەل» (25:4نى كۆرۈڭ).

## دەرۋازىۋەنلەرنىڭ گۇرۇپپىلىنىشى

26 [1] دەرۋازىۋەنلەرنىڭ گۇرۇپپىلىنىشى تۆۋەندىكىدەك بولدى:
كوراھ جەمەتىدىكىلەردىن ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە
كورەنىڭ ئوغلى مەشەلەمىيا بار ئىدى. [2] مەشەلەمىيانىڭ بىرنەچچە
ئوغلى بولۇپ، تۇنجىسى زەكەرىيا، ئىككىنچىسى يەدىيايەل،
ئۈچىنچىسى زەبادىيا، تۆتىنچىسى ياتنىيەل، [3] بەشىنچىسى ئېلام،
ئالتىنچىسى يەھوھانان، يەتتىنچىسى ئەليوئېناي ئىدى. [4] ئوبەد-
ئېدومنىڭ ئوغۇللىرى: تۇنجى ئوغلى شېمايا، ئىككىنچىسى يەھوزاباد،
ئۈچىنچىسى يوئاھ، تۆتىنچىسى ساكار، بەشىنچىسى نەتانەل،
[5] ئالتىنچىسى ئاممىيەل، يەتتىنچىسى ئىسساكار، سەككىزىنچىسى
پېئۇلتاي؛ دەرۋەقە خۇدا ئوبەد-ئېدومغا بەخت-سائادەت ئاتا قىلغانىدى.
[6] ئۇنىڭ ئوغلى شېمايامۇ بىرنەچچە ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ،
ھەممىسى ئاتا جەمەتى ئىچىدە يولباشچى ئىدى، چۈنكى ئۇلار باتۇر
ئەزىمەتلەر ئىدى. [7] شېمايانىڭ ئوغۇللىرى: ئوتنى، رېفايەل، ئوبەد ۋە
ئەلزاباد ئىدى. ئەلزابادنىڭ ئىنىلىرى ئېلىخۇ بىلەن سەماكىيانىڭ
ئىككىسى باتۇر ئىدى. [8] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبەد-ئېدومنىڭ
ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ
ھەممىسى خۇدانىڭ خىزمىتىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر
ئىدى. ئوبەد-ئېدومنىڭ ئەۋلادى جەمئىي ئاتمىش ئىككى ئادەم ئىدى.
[9] مەشەلەمىيانىڭ ئوغۇللىرى ۋە قېرىنداشلىرى بار ئىدى؛ ھەممىسى
باتۇر بولۇپ، جەمئىي ئون سەككىز ئادەم ئىدى. [10] مەرارىنىڭ ئەۋلادى
بولغان خوساھنىڭ بىرنەچچە ئوغلى بار ئىدى، چوڭ ئوغلى شىمرى
(شىمرى ئەسلىدە تۇنجى ئوغۇل بولمىسىمۇ، ئاتىسى ئۇنى چوڭ ئوغۇل
قىلىپ تىكلىگەن)، [11] ئىككىنچى ئوغلى ھىلقىيا، ئۈچىنچىسى
تەباليا، تۆتىنچىسى زەكەرىيا ئىدى. خوساھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە
قېرىنداشلىرى جەمئىي بولۇپ ئون ئۈچ ئادەم ئىدى.

---

6:26 **«ئۇلار باتۇر ئەزىمەتلەر ئىدى»** — ياكى «ئۇلار باتۇر مۆتىۋەرلەر ئىدى».

[12] يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى جەمەت باشلىرى بويىچە دەرۋازىۋەنلەرنىڭ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈشى ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەت ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. [13] ئۇلار، مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ئۆز جەمەتى بويىچە چەك تارتىپ ھەربىر دەرۋازىغا بەلگىلەندى. [14] شەرقىي دەرۋازىدا دەرۋازىۋەنلىك قىلىشقا چەك چىققىنى شەلەمىيا بولدى؛ ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئوغلى زەكەرىيا (ئاقىلانە مەسلىھەتچى ئىدى) ئۈچۈن چەك تارتتى؛ ئۇنىڭغا شىمالىي دەرۋازىنىڭ دەرۋازىۋەنلىك چېكى چىقتى. [15] جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ چېكى ئوبەد-ئېدومغا چىقتى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئامبار-خەزىنىلەرگە مەسئۇل بولدى. [16] شۇپپىم بىلەن خوساھقا غەربىي دەرۋازىنىڭ ۋە شۈنكەتتەك داۋان يولىدىكى شاللەكەت دەرۋازىسىنىڭ چېكى چىقتى؛ دەرۋازىۋەنلەر ياندىشىپ تۇراتتى. [17] شەرقىي دەرۋازىغا ھەركۈنى ئالتە لاۋىي دەرۋازىۋەن مەسئۇل ئىدى؛ شىمالىي دەرۋازىغا ھەركۈنى تۆت ئادەم، جەنۇبىي دەرۋازىغا ھەركۈنى تۆت ئادەم مەسئۇل ئىدى؛ ئامبار-خەزىنىلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ قارايتتى. [18] غەرب تەرەپتىكى دەھلىزنىڭ ئالدىدىكى يولدا تۆت كىشى، دەھلىزنىڭ ئۆزىدە ئىككى كىشى پاسىبانلىق قىلاتتى. [19] يۇقۇرىدىكى كىشىلەر دەرۋازىۋەنلەرنىڭ گۇرۇپپىلىرىنىڭ بولۇپ، كوراھنىڭ ۋە مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى.

## مۇقەددەس ئۆيىنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇرىدىغان لاۋىيلار

[20] ئۇلارنىڭ باشقا لاۋىي قېرىنداشلىرىدىن خۇدانىڭ ئۆيىدىكى خەزىنىلەرنى ۋە مۇقەددەس دەپ بېغىشلانغان بۇيۇملار خەزىنىسىنى باشقۇرۇشقا ئاخىياھ قويۇلدى. [21] گەرشون جەمەتىدىكى لادانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن، گەرشونىي لادان جەمەتىگە يولباشچى بولغىنى:

---

16:26 «دەرۋازىۋەنلەر ياندىشىپ تۇراتتى» — ياكى «دەرۋازىۋەنلەر ئۆدۈلمۇئۆدۈل تۇراتتى».
20:26 «لاۋىي قېرىنداشلىرى» — ياكى «لاۋىيلاردىن بولغان ئاخىياھ».

جەھىيەلى ئىدى؛ [22] جەھىيەلىنىڭ ئوغۇللىرى زىتام بىلەن ئۈئەلنىڭ ئىنىسى يوئىل ئىدى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى خەزىنىلەرگە مەسئۇل ئىدى.
[23] ئامرام جەمەتى، يىزھار جەمەتى، ھېبرون جەمەتى ۋە ئۇززىيەل جەمەتىدىكىلەرمۇ ۋەزىپىگە قويۇلدى: [24] مۇسانىڭ نەۋرىسى، گەرشومنىڭ ئوغلى شىبۇئەل باش خەزىنىچى بولدى. [25] ئۇنىڭ ئەلىئېزەردىن بولغان قېرىنداشلىرى: ئەلىئېزەرنىڭ ئوغلى رەھابىيا، رەھابىيانىڭ ئوغلى يەشايا، يەشايانىڭ ئوغلى يورام، يورامنىڭ ئوغلى زىكرى، زىكرىنىڭ ئوغلى شېلومىت ئىدى. [26] مۇشۇ شېلومىت بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى مۇقەددەس دەپ بېغىشلانغان بۇيۇملار ساقلىنىدىغان بارلىق خەزىنىلەرنى باشقۇراتتى؛ بۇ بۇيۇملارنى ئەسلىدە داۋۇت پادىشاھ، جەمەت باشلىقلىرى، مىڭبېشىلار، يۈزبېشىلار ۋە قوشۇن سەردارلىرى بېغىشلىغانىدى. [27] ئۇلار جەڭگاھلاردا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ كەلگەن مال-مۈلۈكلەردىن ۋە ئولجىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى پۇختا قىلىشقا بېغىشلىغانىدى . [28] بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئالدىن كۆرگۈچى سامۇئىل، كىشنىڭ ئوغلى سائۇل، نەرنىڭ ئوغلى ئابنەر ۋە زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئابلار مۇقەددەس دەپ ئايرىغان نەرسىلەر بار ئىدى؛ بارلىق مۇقەددەس دەپ ئايرىلغان نەرسىلەرنى شېلومىت بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى باشقۇراتتى.

## مەنسەپكە قويۇلغان ۋە ھاكىم بولغان لاۋىيلار

[29] يىزھار جەمەتىدىن كېنانىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇقەددەس ئۆيىنىڭ سىرتىدا ئىسرائىلدا مەنسەپدار ۋە سوتچىلار قىلىپ قويۇلدى.
[30] ھېبرون جەمەتىدىن ھاشابىيا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى، ھەممىسى باتۇربولۇپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئىسرائىلدا مەنسەپ

---

26:21 «لادان» ــ يەنە «لىبنى» دېيىلىدۇ، «جەھىيەلى» يەنە «جەھىيەل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (6:17، 23:7).

26:27 «پۇختا قىلىشقا» ــ ياكى «رېمونت قىلىشقا».

تۇتۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىگە ۋە پادىشاھنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا قويۇلغان. ئۇلار جەمئىي بىرمىڭ يەتتە يۈز كىشى ئىدى. [31] ھېبرون جەمەتى ئىچىدە، جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى بويىچە يەرىيا جەمەت بېشى ئىدى. داۋۇتنىڭ سەلتەنىتىنىڭ قىرىقىنچى يىلى نەسەبنامىلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق گىلېئادنىڭ ياﺋازەر دېگەن يېرىدە بۇ جەمەتتىنمۇ باتۇر ئەزىمەتلەر تېپىلدى. [32] يەرىيانىڭ قېرىنداشلىرىدىن يەنە جەمئىي بولۇپ ئىككى مىڭ يەتتە يۈز كىشى بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى باتۇر بولۇپ، شۇ جەمەت باشلىرى ئىدى؛ پادىشاھ داۋۇت ئۇلارنى رۇبەن قەبىلىسى، گاد قەبىلىسى ۋە ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسىدىكى خۇداغا ۋە پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە دائىر بارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويدى.

## ئىسرائىلنىڭ ھەربىي تەشكىلاتى

27 [1] تۆۋەندىكىلەر ئىسرائىللار ئىچىدە پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھەربىي قىسىملارغا مەسئۇل بولغان ھەرقايسى جەمەت باشلىرى، مىڭبېشى، يۈزبېشى ۋە بارلىق مەنسەپدارلار ئىدى. ئۇلار سانىغا قاراپ قىسىملارغا بۆلۈنگەنىدى. ئۇلار ھەر يىلى ئاي بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇراتتى، ھەر قىسىمدا يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[2] بىرىنچى ئايدىكى بىرىنچى نۆۋەتچى قوشۇنغا زابدىيەلنىڭ ئوغلى ياشوبېئام مەسئۇل بولغان، ئۇنىڭ ئاشۇ قىسمىدا يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى. [3] ئۇ پەرەز ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، بىرىنچى ئايدىكى ئاشۇ قوشۇن قىسمىنىڭ سەردارلىرىنى باشقۇراتتى. [4] ئىككىنچى ئايدىكى نۆۋەتچى قوشۇنغا مەسئۇل كىشى ئاھوھلۇق دوداي بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار سەردارى مىكلوت بار ئىدى؛ بۇ قىسىمدا يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى. [5] ئۈچىنچى ئايدىكى ئۈچىنچى نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ سەردارى كاھىن يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا ئىدى؛ ئۇ ئۇنىڭ ئاشۇ قوشۇنىغا باش بولۇپ، ئۇنىڭدا يىگىرمە تۆت مىڭ

ئادەم بار ئىدى. 6 بۇ بىنايا «ئۇتتۇز پالۋان»نىڭ بىرى بولۇپ، ئاشۇ ئوتتۇز
ئادەمنى باشقۇراتتى؛ ئۇنىڭ قىسمىدا يەنە ئۇنىڭ ئوغلى ئامىزاباد
بار ئىدى. 7 تۆتىنچى ئايدىكى تۆتىنچى نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ سەردارى
يوئابنىڭ ئىنىسى ئاساھەل ئىدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى زەبادىيا
ئۇنىڭ ئورنىنى باستى. ئۇنىڭ قىسمىدا يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار
ئىدى. 8 بەشىنچى ئايدىكى بەشىنچى نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ سەردارى
ئىزراھلىق شامخۇت ئىدى، ئۇنىڭ قىسمىدا يىگىرمە تۆت مىڭ
ئادەم بار ئىدى. 9 ئالتىنچى ئايدىكى ئالتىنچى نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ
سەردارى تەكوئالىق ئىككەشنىڭ ئوغلى ئىرا ئىدى، ئۇنىڭ قىسمىدا
يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى. 10 يەتتىنچى ئايدىكى يەتتىنچى
نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ سەردارى ئەفرائىم ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى
پىلونلۇق ھەلەز بولۇپ، ئۇنىڭ قىسمىدا يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار
ئىدى. 11 سەككىزىنچى ئايدىكى سەككىزىنچى نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ
سەردارى زەراھ جەمەتىدىكى خۇشاتلىق سىببىكاي بولۇپ، ئۇنىڭ
قىسمىدا يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى. 12 توققۇزىنچى ئايدىكى
توققۇزىنچى نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ سەردارى بىنيامىن قەبىلىسىدىكى
ئاناتوتلۇق ئابىئېزەر بولۇپ، ئۇنىڭ قىسمىدا يىگىرمە تۆت مىڭ
ئادەم بار ئىدى. 13 ئونىنچى ئايدىكى ئونىنچى نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ
سەردارى زەراھ جەمەتىدىكى نىتوفاتلىق ماھاراي بولۇپ، ئۇنىڭ
قىسمىدا يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى. 14 ئون بىرىنچى ئايدىكى
ئون بىرىنچى نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ سەردارى ئەفرائىم قەبىلىسىدىكى
پىراتونلۇق بىنايا بولۇپ، ئۇنىڭ قىسمىدا يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار
ئىدى. 15 ئون ئىككىنچى ئايدىكى ئون ئىككىنچى نۆۋەتچى قوشۇنىنىڭ
سەردارى ئوتنىيەل جەمەتىدىكى نىتوفاتلىق ھەلداي بولۇپ، ئۇنىڭ
قىسمىدا يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.

---

11:27 **«زەراھ»** ــ ياكى «زارھى».

13:27 **«زەراھ»** ــ ياكى «زارھى».

## ئىسرائىلنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى

[16] ئىسرائىلنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى ئىدارە قىلىپ كەلگەنلەر تۆۋەندىكىلەر: رۇبەنىيلار ئۈچۈن زىكرىنىڭ ئوغلى ئەلىئېزەر قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ شىمېئونىيلار ئۈچۈن قەبىلە باشلىقى مائاكاھنىڭ ئوغلى شەفاتىيا؛ [17] لاۋىي قەبىلىسى ئۈچۈن كەمۇئەلنىڭ ئوغلى ھاشابىيا قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ ھارۇنىيلار ئۈچۈن جەمەت بېشى زادوك؛ [18] يەھۇدا قەبىلىسى ئۈچۈن داۋۇتنىڭ ئاكىسى ئېلىخۇ قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ ئىسساكارىيلار ئۈچۈن مىكائىلنىڭ ئوغلى ئومرى قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ [19] زەبۇلۇنىيلار ئۈچۈن ئوبادىيانىڭ ئوغلى يىشمايا قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ نافتالى قەبىلىسى ئۈچۈن ئازرىيەلنىڭ ئوغلى يەرىموت قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ [20] ئەفرائىمىيلار ئۈچۈن ئازازىيانىڭ ئوغلى ھوشىيا قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسى ئۈچۈن پېدايانىڭ ئوغلى يوئېل قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ [21] گىلېئادتا ماكانلاشقان ماناسسەھ يېرىم قەبىلىسى ئۈچۈن زەكەرىيانىڭ ئوغلى ئىددو قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ بىنيامىن قەبىلىسى ئۈچۈن ئابنەرنىڭ ئوغلى يائاسىيەل قەبىلە باشلىقى ئىدى؛ [22] دان قەبىلىسى ئۈچۈن يەروھامنىڭ ئوغلى ئازارەل قەبىلە باشلىقى ئىدى. يۇقىرىدىكىلەر ئىسرائىل قەبىلىلىرى ئۈچۈن قەبىلە باشلىقى ئىدى.

[23] داۋۇت ئىسرائىللار ئىچىدە يىگىرمە ياشتىن تۆۋەنلەرنى تىزىملىمىغان؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ سانىنى ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك كۆپ قىلىمەن دېگەنىدى. [24] زەرۇئىيانىڭ ئوغلى يوئاب سانىنى ئېلىشقا كىرىشكەن، لېكىن تۈگىمىگەن؛ چۈنكى مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن خۇدانىڭ غەزىپى ئىسرائىللارنىڭ بېشىغا ياغدۇرۇلغان؛ شۇ سەۋەبتىن ئىسرائىللارنىڭ سانى «داۋۇت پادىشاھنىڭ يىلنامىلىرى» دېگەن خاتىرىگە كىرگۈزۈلمىگەن.

## پادىشاھ ئۆردىسىدىكى مال-مۈلۈك ۋە ئىش-ئوقەتنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار

[25]پادىشاھنىڭ ئامبار-خەزىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادىيەلنىڭ ئوغلى ئازماۋەت ئىدى؛ دالا، شەھەر، يېزا-كەنت ۋە مۇنارلاردىكى ئامبار-خەزىنىلەرنى باشقۇرغۇچى ئۇززىيانىڭ ئوغلى يوناتان ئىدى. [26]ئېتىز-ئېرىقلاردا تېرىقچىلىق قىلغۇچىلارنى باشقۇرغۇچى كېلۇبنىڭ ئوغلى ئەزرى ئىدى؛ [27]ئۈزۈمزارلىقلارنى باشقۇرغۇچى راماھلىق شىمەي؛ ئۈزۈمزارلىقلاردىكى شاراب ئامبارلىرىنى باشقۇرغۇچى شىفملىق زابدى؛ [28]شەفەلاھ تۈزلەڭلىكىدىكى زەيتۇن ۋە ئۈجمە دەرەخلىرىنى باشقۇرغۇچى گەدەرلىك بائال-ھانان ئىدى؛ ماي ئامبارلىرىنى باشقۇرغۇچى يوئاش؛ [29]شاروندا بېقىلىدىغان كالا پادىلىرىنى باشقۇرغۇچى شارونلۇق سىتراي؛ جىلغىلاردىكى كالا پادىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادلاينىڭ ئوغلى شافات؛ [30]تۆگىلەرنى باشقۇرغۇچى ئىسمائىللاردىن ئوبىل؛ ئېشەكلەرنى باشقۇرغۇچى مېرونوتلۇق يەھدىيا؛ [31]قوي پادىلىرىنى باشقۇرغۇچى خاگارلىق يازىز ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى داۋۇت پادىشاھنىڭ مال-مۈلكىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار ئىدى.

## داۋۇتنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى

[32]داۋۇتنىڭ تاغىسى يوناتان مەسلىھەتچى بولۇپ، دانىشمەن ھەم تەۋرات خەتتاتچىسى ئىدى؛ خاقمونىنىڭ ئوغلى يەھىيەل پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۇستازى ئىدى. [33]ئاھىتوفەلمۇ پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى؛ ئاركىلىق ھۇشاي پادىشاھنىڭ جان دوستى ئىدى. [34]ئاھىتوفەلدىن كېيىن بىنايانىڭ ئوغلى يەھويادا بىلەن ئابىياتار ئۇنىڭ ئورنىغا مەسلىھەتچى بولدى؛ يوئاب پادىشاھنىڭ قوشۇن سەردارى ئىدى.

---

28:27 **«شەفەلاھ تۈزلەڭلىكى»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «شەفەلاھ» ــ پەقەت بىرلا تۈزلەڭلىكنى كۆرسىتىدۇ، يېرۇسالېمنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان.

32:27 **«تەۋرات خەتتاتچىسى»** ــ ياكى «تەۋراتشۇناس» ياكى «كاتىپ».

## داۋۇت مۇقەددەس ئۆي سېلىش ئارزۇسىنى جاكارلايدۇ

28 [1] داۋۇت ئىسرائىلدىكى بارلىق ئەمەلدارلارنى، ھەرقايسى
قەبىلە باشلىقلىرى، نۆۋەتلىشىپ پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى
قىلىدىغان قوشۇن بېشى، مىڭبېشى، يۈزبېشى، پادىشاھ ۋە
شاھزادىلەرنىڭ بارلىق مال-مۈلۈك، چارۋا ماللىرىنى باشقۇرىدىغان
ئەمەلدارلارنى، شۇنىڭدەك مەھرەم-غوجىدارلار، پالۋانلار ۋە بارلىق
باتۇر جەڭچىلەرنى يېرۇسالېمغا چاقىرتىپ كەلدى.
[2] پادىشاھ داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
ئى بۇرادەرلىرىم ۋە خەلقىم، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار: كۆڭلۈمدە
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئۈچۈن بىر ئارامگاھ، خۇدايىمىزنىڭ
تەختىپەرىسى بولىدىغان بىر ئۆي سېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى ھەمدە
ئۇنى سېلىشقا تەييارلىقمۇ كۆرۈپ قويغانىدىم. [3] لېكىن خۇدا ماڭا:
«سەن مېنىڭ نامىمغا ئاتاپ ئۆي سالساڭ بولمايدۇ، چۈنكى سەن
جەڭچى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قان تۆككەنسەن» دېدى. [4] ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ئاتامنىڭ پۈتۈن جەمەتىدىن مېنى
ئەبەدئەبەد ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇشقا تاللىدى؛ چۈنكى ئۇ
يەھۇدانى يولباشچى بولۇشقا تاللىغان؛ ئۇ يەھۇدا جەمەتى ئىچىدە
ئاتامنىڭ جەمەتىنى تاللىغان، ئاتامنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە مەندىن
رازى بولۇپ، مېنى پۈتۈن ئىسرائىلغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەن؛
[5] مېنىڭ ئوغۇللىرىم ئىچىدىن (پەرۋەردىگار دەرۋەقە ماڭا كۆپ
ئوغۇل ئاتا قىلغان) ئۇ يەنە ئوغلۇم سۇلايماننى پەرۋەردىگارنىڭ
پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئىسرائىلغا ھۆكۈمران بولۇشقا
تاللىدى.
[6] ئۇ ماڭا: «سېنىڭ ئوغلۇڭ سۇلايمان بولسا مېنىڭ ئۆيۈم ۋە
ھويلىلىرىمنى سالغۇچى بولىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇنى ئۆزۈمگە ئوغۇل
بولۇشقا تاللىدىم، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن. [7] ئۇ مېنىڭ ئەمر-

---

1:28 **«مەھرەم-غوجىدارلار»** — ياكى «مەھرەم-ئاغۋاتلار».

بەلگىلىمىلىرىمگە بوْگوْنكىدەك چىڭ تۇرۇپ رىئايە قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى مەڭگۈ مۇستەھكەم قىلىمەن» دېگەنىدى.

[8] شۇڭا بۇگۈن پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتى پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىنىڭ، شۇنداقلا خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا شۇنى ئېيتىمەن: ــ بۇ ياخشى يۇرتقا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە كەلگۈسىدە بالىلىرىڭلارغا مەڭگۈلۈك مىراس قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن، سىلەر خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەمرلىرىنى ئىزدەپ تۇتۇڭلار.

[9] ــ ئى، سەن ئوغلۇم سۇلايمان، ئاتاڭنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنى بىل، ساپ دىل ۋە پىداكارلىق بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغىن. چۈنكى پەرۋەردىگار جىمى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، بارلىق ئوي-نىيەتلىرىنى پەرق ئېتىدۇ. سەن ئۇنى ئىزدىسەڭ، ئۇ ئۆزىنى ساڭا تاپقۇزىدۇ؛ ئۇنىڭدىن تېنىپ كەتسەڭ، سېنى مەڭگۈ ئۆزۈپ تاشلايدۇ.

[10] ئەمدى سەن كۆڭۈل قويغىن، پەرۋەردىگار مۇقەددەسخانا قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆيىنى سېلىشقا سېنى تاللىدى؛ باتۇر بول، ئۇنى ئادا قىل!».

## داۋۇت مۇقەددەسخانىنىڭ لايىھىسى توغرىسىدا سۇلايمانغا كۆرسىتىدۇ

[11] داۋۇت مۇقەددەسگاھنىڭ دەھلىزى، خانىلىرى، خەزىنىلىرى، بالىخانىلىرى، ئىچكى ئۆيلىرى ۋە كەفارەت تەختىدىكى ئۆيىنىڭ لايىھىسىنىڭ ھەممىسىنى ئوغلى سۇلايمانغا تاپشۇردى؛ [12] خۇدانىڭ روھىدىن تاپشۇرۇۋالغىنى بويىچە ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ھويلىلىرى، تۆت ئەتراپىدىكى كىچىك ئۆيلەر، مۇقەددەسخانىدىكى خەزىنىلەر، مۇقەددەس دەپ بېغىشلانغان بۇيۇملار قويۇلىدىغان

---

11:28 **«كەفارەت تەختى»** ــ ياكى «رەھىم تەختى»، «رەھىمگاھ». «مىس.» 17:25-22نى كۆرۈڭ. **«كەفارەت تەختىدىكى ئۆيى»** ــ ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىدىكى ئۆي بولۇپ، يەنە «ئەڭ مۇقەددەس جاي» دەپ ئاتىلىدۇ.

خەزىنىلەرنىڭ لايىھىلىرىنى قالدۇرماي ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.
13 يەنە كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ گۇرۇپپىلىنىشى، پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىدىكى ھەرخىل ۋەزىپىلەر، شۇنىڭدەك پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە
ئېھتىياجلىق بارلىق ئەسۋابلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى
كۆرسەتتى؛ 14 ۋە ھەرخىل ئىشلارغا كېرەكلىك ئالتۇن ئەسۋابلارنى
ياساشقا كېتىدىغان ئالتۇن، ھەرخىل ئىشلارغا كېرەكلىك كۈمۈش
ئەسۋابلارنى ياساشقا كېتىدىغان كۈمۈش، 15 ئالتۇن چىراغدانلارغا،
ئۇلارغا تەۋە ئالتۇن چىراغلارغا، يەنى ھەربىر چىراغدان ۋە چىراغلارغا
كېتىدىغان ئالتۇن؛ كۈمۈش چىراغدانلارغا، يەنى ھەربىر چىراغدان ۋە
شۇنىڭغا تەۋە چىراغلار ئۈچۈن كېتىدىغان كۈمۈشنى تاپشۇرۇپ بەردى.
ئۇ ھەربىر چىراغدانغا ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ كېرەكلىكىنى
بەردى؛ 16 نان تىزىدىغان ئالتۇن شىرەلەرنى ياسىتىشقا، يەنى ھەربىر
شىرە ئۈچۈن كېرەكلىك ئالتۇن بەردى؛ كۈمۈش شىرەلەرنى ياسىتىشقا
كېرەكلىك كۈمۈش بەردى؛ 17 ۋىلكا-ئىلمەكلەر، تەخسە-پىيالە ۋە
چۆگۈنلەرنى ياساشقا، ئالتۇن چىنىلەر، يەنى ھەرخىل چىنىنى ياساشقا
كېرەكلىك بولغان ساپ ئالتۇن بەردى؛ كۈمۈش چىنىلەرنى ياساشقا،
يەنى ھەربىر چىنە ئۈچۈن كېرەكلىك كۈمۈش بەردى؛ 18 خۇشبۇيگاھ
ياساشقا كېرەكلىك ئېسىل ئالتۇن بەردى. ئۇ يەنە قاناتلىرىنى كېرىپ
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئالتۇن كېرۇبلار
قارايدىغان كەفارەت تەختىنىڭ نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

---

12:28 **«خۇدانىڭ روھىدىن تاپشۇرۇۋالغىنى بويىچە...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «روھتىن تاپشۇرۇۋالغىنى بويىچە...». بىزنىڭچە «روھ» مۇشۇ يەردە چوقۇم خۇدانىڭ روھىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، مۇقەددەسگاھنىڭ بارلىق نۇسخىلىرى ۋە ئىشلىرى خۇدانىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن بولدى

18:28 **«...خۇشبۇيگاھ ياساشقا كېرەكلىك ئېسىل ئالتۇن بەردى»** ــ بۇ 14-18-ئايەتلەردىكى «بەردى... بەردى.. بەردى» ــ داۋۇت پادىشاھ سۇلايمانغا (1) ھەربىر نەرسە ئۈچۈن قانچىلىك ئالتۇن-كۈمۈش كېرەك بولغانلىقىنى كۆرسەتتى؛ (2) ئەمەلىيەتتە قانچىلىك كېرەك بولسا شۇنى بەردى، دېگەن مەنىدە. بىزنىڭچە ئىككىنچى ۋارىيانت توغرىدۇر. 2:29نى كۆرۈڭ. **«كەفارەت تەختى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «هارۋا». لېكىن مۇشۇ يەردە چوقۇم ئەڭ مۇقەددەس جايدىكى رەھىمگاھ (كەفارەت تەختى)نى كۆرسىتىدۇ.

[19] «بۇلارنىڭ ھەممىسى، پەرۋەردىگار ئۆز قولىنى ئۈستۈمگە قويغاندا ماڭا كۆرسەتكەن بارلىق نۇسخا-ئەندىزىلەر بولغاچقا، مەن يېزىپ قويدۇم» دېدى داۋۇت.

## داۋۇت سۇلايمانغا داۋاملىق نەسىھەت قىلىدۇ

[20] داۋۇت يەنە ئوغلى سۇلايمانغا: «سەن باتۇر ۋە جاسارەتلىك بول، بۇنى ئادا قىل؛ قورقما، ئالاقزادىمۇ بولۇپ كەتمە؛ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدا، مېنىڭ خۇدايىم سېنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ؛ تاكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى كېيىنكى ئىبادەت خىزمىتى ئۈچۈن تەييارلىق ئىشلىرى تۈگىگەنگە قەدەر ئۇ سەندىن ھېچ ئايرىلمايدۇ ياكى تاشلاپمۇ قويمايدۇ. [21] قارا، خۇدانىڭ ئۆيىدىكى بارلىق خىزمىتىنى بېجىرىدىغان كاھىنلار ۋە لاۋىيلارنىڭ گۇرۇپپىلىرى تەييار تۇرىدۇ؛ سېنىڭ يېنىڭدا ھەرخىل ھۈنەرگە ئۇستا، ھەربىر خىزمەتكە تەييار تۇرغان ھۈنەرۋەنلەرمۇ رازىلىق بىلەن تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلدارلار ۋە بارلىق خەلق سېنىڭ ئەمرىڭنى كۈتىدۇ» دېدى.

## داۋۇت ۋە خالايىقنىڭ خۇدانىڭ ئۆيى ئۈچۈن بېغىشلىغانلىرى

# 29

[1] داۋۇت پۈتكۈل جامائەتكە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «خۇدا ئۆزى تاللىغان ئوغلۇم سۇلايمان تېخى ياش، بىر يۇمران كۆچەت، خالاس، بۇ قۇرۇلۇش بولسا تولىمۇ چوڭ؛ چۈنكى بۇ مۇقەددەس ئوردا ئىنسان ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار خۇدا ئۈچۈن ياسىلىدۇ. [2] مەن خۇدايىمنىڭ ئۆيى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمنى چىقىرىپ، ئالتۇن بىلەن ياسىلىدىغانلىرىغا ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن ياسىلىدىغانلىرىغا كۈمۈش، مىس بىلەن ياسىلىدىغانلىرىغا مىس، تۆمۈر بىلەن ياسىلىدىغانلىرىغا تۆمۈر، ياغاچ بىلەن ياسىلىدىغانلىرىغا ياغاچ تەييارلاپ قويدۇم؛ يەنە ئاق ھېقىق، كۆزلۈك ياقۇت، رەڭلىك تاش ۋە ھەرخىل ئېسىل تاشلارنى، يەنە

ناھايىتى كۆپ مەرمەرنى يىغىپ قويدۇم. 3 مەن خۇدايىمنىڭ ئۆيىدىن
سۆيۈنىدىغانلىقىم ئۈچۈن خۇدايىمنىڭ ئۆيىنى سېلىشقا تەييارلىغان
بارلىق نەرسىلەردىن باشقا، ئۆزۈمنىڭ تەئەللۇقاتىدىن ئالتۇن-
كۈمۈشلەرنى خۇدايىمنىڭ ئۆيىگە ئاتىدىم؛ 4 يەنى ئۆينىڭ تاملىرىنى
قاپلاش ئۈچۈن ئوفىر ئالتۇنىدىن ئۈچ مىڭ تالانت، ساپ كۈمۈشتىن
يەتتە مىڭ تالانت تەقدىم قىلدىم؛ 5 ئالتۇندىن ياسىلىدىغانلىرىغا
ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسىلىدىغانلىرىغا كۈمۈش ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ
قولى بىلەن ھەرخىل ياسىلىدىغانلىرىغا كېرەك بولغىنىنى تەقدىم
قىلدىم. بۈگۈن يەنە كىملەرنىڭ پەرۋەردىگارغا بىرنېمە ئاتىغۇسى
بار؟».
6 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىكى ھەرقايسى جەمەت
باشلىرى، قەبىلە باشلىقلىرى، مىڭبېشى، يۈزبېشى ۋە پادىشاھنىڭ
ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان غوجىدارلارمۇ بېغىشلاشقا كىرىشتى.
7 ئۇلار خۇدانىڭ ئۆيىدىكى ئىبادەت خىزمەتلىرى ئۈچۈن بەش مىڭ
تالانت ئالتۇن ۋە ئون مىڭ دارىك ئالتۇن، ئون مىڭ تالانت كۈمۈش، ئون
سەككىز مىڭ تالانت مىس ۋە بىر يۈز مىڭ تالانت تۆمۈر تەقدىم قىلدى.
8 ياقۇتى بارلار ياقۇتنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ خەزىنىسىگە، يەنى
گەرشونىي يەھىيەلنىڭ قولىغا تاپشۇردى. 9 خالايىق كىشىلەرنىڭ
مۇنداق ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەقدىم قىلغانلىقلىرىدىن خۇشال
بولۇپ كېتىشتى؛ چۈنكى ئۇلار چىن قەلبىدىن پەرۋەردىگارغا تەقدىم
قىلىشقانىدى. داۋۇتمۇ ئالامەت خۇش بولدى.

---

2:29 **«كۆزلۈك ياقۇت»** ــ ياكى «سۇرمە».

4:29 **«ئوفىر»** ــ ئالتۇن چىقىدىغان داڭلىق جاي. **«تالانت»** ــ بىر تالانت 30.6 كىلوگرام بولۇشى مۇمكىن؛ شۇڭا 3000 تالانت ئالتۇن 101 توننا بولىدۇ، 7000 تالانت كۈمۈش 235 توننا بولۇشى مۇمكىن.

7:29 **«تالانت... دارىك...»** ــ بىر تالانت 30.6 كىلوگرام بولۇشى مۇمكىن؛ بىر دارىك بەلكىم 8-9 گرام ئىدى. شۇنداق بولغاندا، ئالتۇندىن 168 توننا ھەم 80-90 كىلوگرام، كۈمۈشتىن 336 توننا، مىستىن 606 توننا، تۆمۈردىن 3365 توننا تەقدىم قىلدى.

## داۋۇت پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ

[10] شۇڭا داۋۇت پۈتكۈل جامائەت ئالدىدا پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

«ئاھ پەرۋەردىگار، بوۋىمىز ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە ھەمدۇسانالاغا لايىقسەن. [11] ئى پەرۋەردىگار، ئۇلۇغلۇق، كۈچ-قۇدرەت، شان-شەرەپ، شانۇ-شەۋكەت ۋە ھەيۋەت ساڭا مەنسۇپتۇر؛ ئاسماندىكى ۋە يەردىكى بار-يوقى سېنىڭكىدۇر؛ ئى پەرۋەردىگار، پادىشاھلىق سېنىڭكىدۇر، ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان ئىدارە قىلغۇچىسەن. [12] دۆلەت بىلەن ئىززەت سېنىڭدىنلا كېلىدۇ، سەن ھەممىگە ھۆكۈمدارسەن. كۈچ بىلەن قۇدرەت سېنىڭ قولۇڭدا؛ ھەركىمنى ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك قىلىش پەقەت قولۇڭدىدۇر. [13] ئەمدى، ئاھ خۇدايىمىز، بىز ساڭا تەشەككۈر ئوقۇيمىز، شان-شەرەپلىك نامىڭغا مەدھىيە ئوقۇيمىز!

[14] مانا مۇشۇنداق ئۆزلۈكۈمىزدىن تەقدىم قىلالايدىغان بولغان مەن كىم ئىدىم، خەلقىم نېمە ئىدى؟ چۈنكى بارلىق نەرسە سەندىن كېلىدۇ، بىز پەقەت ئۆز قولۇڭدىن كەلگىنىدىن ئۆزۈڭگە قايتۇردۇق، خالاس! [15] بىز سېنىڭ ئالدىڭدا ياقا يۇرتلۇقلار، بارلىق ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش مۇساپىرمىز، خالاس؛ يەر يۈزىدىكى كۈنلىرىمىز گويا بىر سايە، ئۈمىدسىز ئۆتكۈزۈلىدۇ. [16] ئى خۇدايىمىز پەرۋەردىگار، بىز سېنىڭ نامىڭغا ئاتاپ ئۆي سېلىشقا تەييارلاپ يىغقان بۇ بايلىق-دۇنيانىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدىن كەلگەن، ئەسلى سېنىڭكىدۇر. [17] ئى خۇدايىم، شۇنى بىلىمەنكى، سەن ئىنساننىڭ قەلبىنى سىناپ، دۇرۇسلۇقتىن خۇرسەن بولىسەن؛ مەن بولسام دۇرۇس قەلبىمدىن بۇلارنى ئىختىيارەن تەقدىم قىلدىم؛ ۋە بۇ يەردە ھازىر تۇرغان خەلقىڭنىڭمۇ ساڭا تەقدىم قىلغىنىنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن كۆردۈم. [18] ئى پەرۋەردىگار، ئاتا-بوۋىلىرىمىز بولغان ئىبراھىم،

---

15:29 **«يەر يۈزىدىكى كۈنلىرىمىز گويا بىر سايە، ئۈمىدسىز ئۆتكۈزۈلىدۇ»** ــ «ئۈمىدسىز ئۆتكۈزۈلىدۇ» بەلكىم بۇ دۇنياغا بولغان ئۈمىدسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسھاق ۋە ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، ئۆز خەلقىڭنىڭ كۆڭلىدىكى بۇنداق ئوي-نىيەتنى مەڭگۈ مۇستەھكەم قىلغايسەن، كۆڭلىنى ئۆزۈڭگە تارتقۇزغايسەن! [19] ئوغلۇم سۇلايمانغا سېنىڭ ئەمرلىرىڭ، ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭ ۋە بەلگىلىمىلىرىڭنى تۇتۇپ، ھەممىنى ئادا قىلىپ، مەن ھازىرلاپ قويغانلىرىمنى ئىشلىتىپ ئوردىنى ياساشقا دۇرۇس بىر قەلب بەرگەيسەن».

## جامائەت پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىدۇ

[20] داۋۇت پۈتۈن جامائەتكە: «سىلەر خۇدايىڭلار بولغان پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-ھەمدۇساناا ئوقۇپ مەدھىيىلەڭلار!» دېۋىدى، پۈتۈن جامائەت ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە ئوقۇپ سەجدە قىلدى؛ ئۇلار پەرۋەردىگار ھەم پادىشاھ ئالدىدا باش ئۇردى.

[21] ئەتىسى ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىقلار ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى كەلتۈردى؛ شۇ كۈنى ئۇلار مىڭ بۇقا، مىڭ قوچقار، مىڭ قوزىنى شاراب ھەدىيەلىرى بىلەن قوشۇپ تەقدىم قىلدى، شۇنداقلا يەنە پۈتۈن ئىسرائىل ئۈچۈن نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى تەقدىم قىلدى.

## خەلق سۇلايماننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ پادىشاھ قىلىدۇ

[22] ئۇلار شۇ كۈنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئالامەت خۇشال بولۇپ غىزالاندى. ئۇلار داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايماننى ئىككىنچى قېتىم پادىشاھ تىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى؛ ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا شاھ بولۇشقا، زادوكنى كاھىن بولۇشقا مەسىھ قىلدى.

---

21:29 **« ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىقلار ... كەلتۈردى»** — مۇشۇ يەردە «قۇربانلىقلار» بەلكىم «ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى»نى كۆرسىتىدۇ؛ ھەم سۆنەۈچىنىڭ ئۆزى، ھەمراھلىرى ھەم كاھىنلارمۇ ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى يېيەلەيتتى.

22:29 **«ئۇلار... غىزالاندى»** — ئىبرانىي تىلىدا «يەپ-ئىچتى». **«ئىككىنچى قېتىم پادىشاھ تىكلەش»** — بىرىنچى قېتىم 1:23دە خاتىرىلىنىدۇ.

[23]شۇنىڭدىن كېيىن سۇلايمان پەرۋەردىگارغا تەۋە تەختكە ئولتۇرۇپ، ئاتىسى داۋۇتنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى ۋە ئىنتايىن راۋاج تاپتى؛ پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. [24]بارلىق ئەمەلدارلار، پالۋانلار ۋە شۇنداقلا پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى سۇلايمانغا بېقىنىپ بويسۇندى. [25]پەرۋەردىگار سۇلايماننى ئىسرائىل خەلقى ئالدىدا ناھايىتى ئۇلۇغ قىلدى؛ ئۇ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان شاھانە ھەيۋەت شۇنداق يۇقىرىكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەرقانداق ئىسرائىل پادىشاھلىرىدا ھېچ بولۇپ باققان ئەمەس.

## داۋۇت ئالەمدىن ئۆتىدۇ

[26]يەسسەنىڭ ئوغلى داۋۇت پۈتۈن ئىسرائىلغا شۇنداق پادىشاھ بولغانىدى. [27]ئۇنىڭ ئىسرائىلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى جەمئىي قىرىق يىل بولدى؛ ئۇ ھېبروندا يەتتە يىل، يېرۇسالېمدا ئوتتۇز ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى. [28]ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر، دۆلەت-بايلىق ۋە ئىززەت-ھۆرمەت كۆرۈپ، خېلى كۆپ ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتتى؛ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان پادىشاھ بولدى. [29]پادىشاھ داۋۇتنىڭ بارلىق ئىشلىرى، باشتىن ئاخىرىغىچە مانا ئالدىن كۆرگۈچى سامۇئىلنىڭ خاتىرىلىرى، ناتان پەيغەمبەرنىڭ خاتىرىلىرى ۋە ئالدىن كۆرگۈچى گادنىڭ خاتىرىلىرىدە پۈتۈلگەندۇر. [30]ئۇنىڭ سەلتەنىتى، كۆرسەتكەن كۈچ-قۇۋۋىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ، ئىسرائىل ۋە ھەرقايسى دۆلەت-مەملىكەتلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرمۇ شۇ خاتىرىلەردە پۈتۈلگەندۇر.

تەۋرات 14-قىسىم

# «2» تارىخ-تەزكىرە

## سۇلايمان ئىسرائىل ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

1پاد. 3:1-15

1 [1] داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەملەندى؛
چۈنكى ئۇنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ،
ئۇنى بەك بۈيۈك قىلدى.
[2] سۇلايمان پۈتكۈل ئىسرائىللارنى، مىڭبېشى، يۈزبېشى، سوراقچى
ۋە پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ قەبىلە-جەمەت باشلىقلىرى بولغان
ئەمەلدارلارنى چاقىرتىپ ئۇلارغا سۆز قىلدى. [3] سۇلايمان بارلىق
جامائەت بىلەن بىرلىكتە گىبېئوننىڭ ئېگىزلىكىگە باردى؛ چۈنكى ئۇ
يەردە خۇدانىڭ «جامائەت چېدىرى»، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى مۇسا
باياۋاندا ياساتقان چېدىر بار ئىدى. [4] خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بولسا
داۋۇت كىرىئات-يېئارىمدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى ئۇنىڭغا تەييارلىغان
يەرگە ئەكەلگەنىدى؛ چۈنكى ئۇ يېرۇسالېمدا ئەھدە ساندۇقى ئۈچۈن
بىر چېدىر تىكتۈرگەنىدى. [5] خۇرنىڭ نەۋرىسى، ئۇرىنىڭ ئوغلى بەزالەل
ياسىغان مىس قۇربانگاھ بولسا گىبېئوندا، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ
جامائەت چېدىرى ئالدىدا ئىدى؛ سۇلايمان جامائەت بىلەن بىرلىكتە
بېرىپ، شۇ يەردە پەرۋەردىگاردىن تىلەك تىلىدى. [6] سۇلايمان جامائەت
چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى مىس قۇربانگاھنىڭ يېنىغا، پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، قۇربانگاھتا مىڭ مالنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى.

3:1 **«گىبېئوننىڭ ئېگىزلىكى»** ــ ياكى «گىبېئوندىكى «يۇقىرى جاي»غا». **«جامائەت چېدىرى»** ــ ياكى «(خۇدا بىلەن) كۆرۈشۈش چېدىرى».

[7]شۇ كېچىسى خۇدا سۇلايمانغا ئايان بولۇپ، ئۇنىڭغا: ــ سەن نېمىنى تىلىسەڭ، شۇنى بېرىمەن، دېدى.
[8]سۇلايمان خۇداغا: ــ سەن ئاتام داۋۇتقا زور مېھىر-مۇھەببەت ئاتا قىلغان، مېنى ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلدىڭ. [9]ئى پەرۋەردىگار خۇدا، ئەمدى سەن ئاتام داۋۇتقا بەرگەن ۋەدەڭنى پۇختا ئورۇنلىغايسەن؛ چۈنكى سەن مېنى يەردىكى توپىدەك نۇرغۇن خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرغان پادىشاھ قىلدىڭ. [10]ئەمدى سەن ماڭا بۇ خەلققە يېتەكچىلىك قىلغۇدەك دانالىق ۋە بىلىم بەرگەيسەن؛ ئۇنداق بولمىسا سېنىڭ مۇنچىۋالا چوڭ بۇ خەلقىڭگە كىم ھۆكۈم سۈرەلىسۇن؟ ــ دېدى.
[11]خۇدا سۇلايمانغا: ــ مەن سېنى خەلقىمگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدىم. ئەمدى سەن مۇشۇنداق نىيەتكە كېلىپ، نە بايلىق، مال-مۈلۈك، نە ئىززەت-ھۆرمەت ۋە دۈشمەنلىرىڭنىڭ جانلىرىنى تىلىمەي، نە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى تىلىمەي، بەلكى بۇ خەلقىمگە ھۆكۈم سۈرۈشكە دانالىق ۋە بىلىم تىلىگەن ئىكەنسەن، [12]دانالىق ۋە بىلىم ساڭا تەقدىم قىلىندى؛ ۋە مەن ساڭا بايلىق، مال-مۈلۈك ۋە ئىززەت-ھۆرمەتمۇ بېرەي؛ شۇنداق بولىدۇكى، سېنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ھېچبىرىدە ئۇنداق بولمىغان، سېنىڭدىن كېيىن بولغۇسى پادىشاھلاردىمۇ ئۇنداق بولمايدۇ، دېدى.

## سۇلايماننىڭ بېيىشقا باشلىشى

1پاد. 10:26-29

[13]بۇ ئىشتىن كېيىن سۇلايمان گىبېئوندىكى ئېگىزلىكتىكى «جامائەت چېدىرى»دىن يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىپ، ئىسرائىل ئۈستىدە سەلتەنەت قىلدى. [14]سۇلايمان جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ئاتلىق لەشكەرلەرنى توپلىدى: ــ ئۇنىڭ بىر مىڭ تۆت يۈز جەڭ ھارۋىسى، ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكىرى بار ئىدى؛ ئۇ بۇلارنى «جەڭ ھارۋىسى

10:1 **«بۇ خەلققە يېتەكچىلىك قىلغۇدەك»** ــ بۇ ئىبارە ئىبرانىي تىلدا «بۇ خەلقنىڭ ئالدىدا چىقىپ-كىرگۈدەك» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

شەھەرلىرى»گە ھەم پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا ئورۇنلاشتۇردى. [15] پادىشاھ يېرۇسالېمدا ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تاشلاردەك كۆپ، كېدىر دەرەخلىرىنى تۈزلەڭلىكتىكى ئۈجمە دەرەخلىرىدەك كۆپ قىلدى. [16] سۇلايماننىڭ ئاتلىرى مىسىردىن ھەم كۇۋەدىن كەلتۈرۈلەتتى؛ پادىشاھنىڭ سودىگەرلىرى كۇۋەدىن توختىتىلغان باھاسى بويىچە سېتىۋالاتتى. [17] ئۇلار مىسىردىن سېتىۋالغان ھەربىر ھارۋىنىڭ باھاسى ئالتە يۈز كۈمۈش تەڭگە، ھەربىر ئاتنىڭ باھاسى بىر يۈز ئەللىك كۈمۈش تەڭگە ئىدى؛ ئات-ھارۋىلار يەنە ھىتتىيلارنىڭ پادىشاھلىرى ۋە سۇرىيە پادىشاھلىرىغىمۇ ئەنە شۇ سودىگەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن سېتىۋېلىناتتى.

## سۇلايمان ئىبادەتخانىنى سېلىش ئۈچۈن ماتېرىياللارنى توپلايدۇ

2 [1] سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا ئاتاپ بىر ئۆي ھەم پادىشاھلىقى ئۈچۈن بىر ئوردا سېلىش نىيىتىگە كەلدى. [2] شۇنىڭدىن كېيىن سۇلايمان يەتمىش مىڭ ئادەمنى ھامماللىققا، سەكسەن مىڭ ئادەمنى تاغدا تاش كېسىشكە، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز كىشىنى نازارەتچىلىككە تەيىنلىدى.

15:1 **«كېدىر دەرەخلىرى»** ــ ياكى «كېدىر ياغىچى». لېكىن بىزنىڭچە سۇلايمان كېدىر ياغىچىنى ئىشلىتىپلا قالماي، شۇ چىرايلىق دەرەخلەردىن يېرۇسالېم ئەتراپىغا كۆپ تىكتۈردى («توپ.» 2:5نى كۆرۈڭ).

16:1 **«سۇلايماننىڭ ئاتلىرى مىسىردىن ... سېتىۋالاتتى»** ــ بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سۇلايماننىڭ ئاتلىرى مىسىردىن كەلتۈرۈلەتتى؛ پادىشاھنىڭ سودا كارۋانلىرى كۇۋەدىن توختىتىلغان باھاسى بويىچە تۈركۈم-تۈركۈم سېتىۋالاتتى».

17:1 **«ئۇلار مىسىردىن سېتىۋالغان ھەربىر ھارۋىنىڭ باھاسى ... ھەربىر ئاتنىڭ باھاسى ... ئات-ھارۋىلار يەنە ھىتتىيلارنىڭ پادىشاھلىرى ۋە سۇرىيە پادىشاھلىرىغىمۇ ئەنە ... سېتىۋېلىناتتى»** ــ تەۋرات، «قان.» 16:17دە ئىسرائىل پادىشاھلىرىغا ئاتلارنى ئېلىش ئۈچۈن مىسىرغا بېرىش مەنئى قىلىنغانىدى.

1:2 **«ئوردا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆي».

2:2 1پاد. 5:15-32

3 سۇلايمان تۇر پادىشاھى ھۇرامغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئۆزلىرى ئاتام
داۋۇتنىڭ تۇرالغۇسى بولسۇن دەپ ئوردا سېلىشىغا كېدىر ياغىچى
يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىدىلىغۇ، ماڭىمۇ شۇنداق قىلغايلا. 4 مانا، مەن
ئەمدى پەرۋەردىگار خۇدايىمنىڭ نامىغا ئاتاپ بىر ئۆي سالماقچىمەن؛
ئۆي ئۇنىڭ ئالدىدا خۇشبۇي يېقىش، «تەقدىم نانلار»نىڭ ئۈزۈلمەي
قويۇلۇشى، ھەركۈنى ئەتە-ئاخشاملىرىدا، شابات كۈنلىرىدە، يېڭى
ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە ۋە پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بېكىتىپ بەرگەن
ھېيت-ئايەملەردە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنىڭ سۇنۇلۇشى ئۈچۈن بولىدۇ.
بۇ ئىشلار ئىسرائىل خەلقىگە مەڭگۈلۈك بىر بەلگىلىمە بولىدۇ. 5 مەن
سالماقچى بولغان ئۆي ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بولىدۇ؛ چۈنكى بىزنىڭ
خۇدايىمىز ھەممە ئىلاھلاردىن ئۈستۈندۇر. 6 لېكىن ئاسمانلار ۋە
ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمانمۇ ئۇنى سىغدۇرالمايدىغان تۇرسا،
كىم ئۇنىڭغا ئۆي سالالىسۇن؟ مەن كىم ئىدىم، قانداقمۇ ئۇنىڭغا
ئۆي سالدۇرغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولاي؟ مەن پەقەت ئۇنىڭ ئالدىدا
قۇربانلىقلارنى كۆيدۈرگۈدەكلا ئادەممەن، خالاس!
7 ئەمدى ئۆزلىرى ماڭا ئاتام داۋۇت يەھۇدادا ۋە يېرۇسالېمدا تەييارلاپ
قويغان ئۇستىلار بىلەن بىللە ئىشلەش ئۈچۈن، ئالتۇن-كۈمۈشتە،
مىس ۋە تۆمۈردە ئىشلەشكە پىششىق، سۆسۈن، توق قىزىل ۋە كۆك
رەڭلىك يىپ ئىشلەشكە پۇختا ھەم نەققاشلىقنى بىلىدىغان بىر
ئۇستامنى ئەۋەتكەيلا. 8-9 ھەم ماڭا لىۋاندىن كېدىر، ئارچا-قارىغاي ۋە
سەندەل دەرەخلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىلا؛ چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ
خىزمەتكارلىرىنىڭ لىۋاندا ياغاچنى كېسىشكە ئۇستىلىقىنى
بىلىمەن؛ مانا، ماڭا كۆپلەپ ياغاچلارنى تەييارلاپ بېرىش ئۈچۈن
مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە

---

3:2 **«ھۇرام»** — بەزى يەرلەردە «ھىرام» دەپ ئاتىلىدۇ.

6:2 **«مەن پەقەت ئۇنىڭ ئالدىدا قۇربانلىقلارنى كۆيدۈرگۈدەكلا ئادەممەن، خالاس!»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۆي پەقەت ئۇنىڭ ئالدىدا قۇربانلىقلارنى كۆيدۈرگۈدەك بىر جاي بولىدىغان تۇرسا، خالاس!».

ئىشلىسۇن؛ چۈنكى مەن سالىدىغان ئۆي ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە ئاجايىپ كارامەت بولىدۇ. [10] مانا، مەن ئۆزلىرىنىڭ ياغاچ كېسىدىغان خىزمەتكارلىرىغا يىگىرمە مىڭ كور بۇغداي، يىگىرمە مىڭ كور ئارپا، يىگىرمە مىڭ بات شاراب، يىگىرمە مىڭ بات زەيتۇن مېيى بېرىمەن» ــ دېدى.

[11] تۇرنىڭ پادىشاھى ھۇرام سۇلايمانغا جاۋابەن مەكتۇپ يوللاپ: «پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى سۆيگەچكە ئۇ ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ قىلدى» ــ دېدى. [12] ھۇرام يەنە: «ئاسمان-پەلەك بىلەن يەر-زېمىننى ياراتقان ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا بولغاي! چۈنكى ئۇ پادىشاھ داۋۇتقا يورۇتۇلغان، پەم-پاراسەتلىك، پەرۋەردىگار ئۈچۈن بىر ئۆي، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن بىر ئوردا سالالايدىغان بىر دانىشمەن ئوغۇل بەردى. [13] مانا مەن ھازىر ئۆزلىرىگە ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن، ئەقىل-پاراسەت بىلەن يورۇتۇلغان، ھۇرام-ئابى دېگەن بىر ئادەمنى ئەۋەتەي. [14] ئۇنىڭ ئانىسى دان قەبىلىسىلىك بىر ئايال، ئاتىسى تۇرلۇق ئىكەن. ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، تاشلار، ياغاچچىلىق ئىشلىرىغا ماھىر، سۆسۈن، توق قىزىل، ئاق ۋە كۆك رەڭلىك يىپ ئىشلەشكە پۇختا، ھەرخىل نەققاشلىق ئىشلىرىغىمۇ ئۇستا، تاپشۇرۇلغان ھەرقانداق لايىھەگە ئامالىنى قىلالايدۇ. بۇ كىشى ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى بىلەن ۋە ئاتىلىرى بولغان خوجام داۋۇتنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى بىلەن بىللە ئىشلىسۇن. [15] ئەمدى خوجام تىلىغا ئالغان بۇغداي، ئارپا، ماي ۋە شاراب بولسا، بۇلارنى ئۆز خىزمەتكارلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەيلا. [16] بىز بولساق سىلىگە قانچە كېرەك بولسا لىۋانىدا شۇنچە ياغاچ كېسىپ، سال قىلىپ باغلاپ، دېڭىز ئارقىلىق يوپپاغا يەتكۈزۈپ بېرىمىز؛

---

10:2 **«يىگىرمە مىڭ كور»** ــ بىر كور 220 لىتر، 20000 كور 44 مىليون لىتر، يەنى بەلكىم 44,000 تۇننا بولىدۇ. **«يىگىرمە مىڭ بات»** ــ بىر بات 22 لىتر بولۇپ، 20000 بات 440,000 لىتر بولىدۇ.

12:2 **«ئوردا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆي».

ئاندىن سىلى ئۇ يەردىن يېرۇسالېمغا توشۇپ كەتسىلە بولىدۇ» دېدى.
[17] ئاتىسى داۋۇت ئىسرائىل زېمىنىدا تۇرۇشلۇق ياقا يۇرتلۇقلارنى
ساناقتىن ئۆتكۈزگەندەك، سۇلايمانمۇ ئۇلارنى ساناقتىن ئۆتكۈزدى.
ئۇلار جەمئىي بىر يۈز ئەللىك ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئادەم چىقتى. [18] ئۇ
ئۇلاردىن يەتمىش مىڭ كىشىنى هامماللىققا، سەكسەن مىڭ كىشىنى
تاغدا تاش كېسىشكە ۋە ئىش قىلغۇاتقانلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىپ
تۇرۇشقا ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز كىشىنى تەيىنلىدى.

## ئىبادەتخانىنى سېلىش

1پاد. 6:1-38؛ 7:13-51

3 [1] سۇلايمان يېرۇسالېمدا پەرۋەردىگار ئاتىسى داۋۇتقا ئايان
بولغان مورىيا تېغىدا، يەنى يەبۇسىي ئورناننىڭ خامىنىدا،
داۋۇت تەييار قىلىپ قويغان يەردە، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى سېلىش
ئىشىنى باشلىدى. [2] سۇلايماننىڭ سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلى،
ئىككىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئۇ قۇرۇلۇشنى باشلىدى.
[3] سۇلايمان سالغان خۇدانىڭ ئۆيىنىڭ ئۇلى مۇنداق: ـ ئۇزۇنلۇقى
(قەدىمكى زاماندا قوللانغان ئۆلچەم بويىچە) ئاتمىش گەز، كەڭلىكى
يىگىرمە گەز ئىدى. [4] ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئايۋانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
يىگىرمە گەز بولۇپ، ئۆيىنىڭ كەڭلىكىگە توغرا كېلەتتى؛ ئېگىزلىكى
يىگىرمە گەز ئىدى؛ ئۇ ئىچىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى. [5] ئۇ

2:3 **«سۇلايماننىڭ سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلى، ئىككىنچى ئاي...»** ــ بۇ ۋاقىت بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 966-يىلى، 4-5-ئايدا بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

3:3 **«ۇزۇنلۇقى ... ئاتمىش گەز، كەڭلىكى يىگىرمە گەز»** ــ مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز» ئادەمنىڭ قولىنىڭ جەينىكىدىن بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقى (تەخمىنەن 45 سانتىمېتر) ئىدى.

4:3 **«ئۆيىنىڭ ... ئېگىزلىكى يىگىرمە گەز ئىدى»** ــ كونا كۆچۈرمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ يەردە «بىر يۈز يىگىرمە گەز ئىدى» دېيىلىدۇ. بىز مۇشۇ يەردە كونا «سۇرىياك» تەرجىمىسى ۋە گرېك تىلىدىكى بىر كونا تەرجىمىسىگە ئەگەشتۇق.

ئۆيىنىڭ چوڭ زىلىنىڭ تاملىرىنى ئارچا-قارىغاي تاختايلىرى بىلەن قاپلاتتى، ئاندىن كېيىن ساپ ئالتۇن قاپلاتتى ۋە ئۈستىگە خورما دەرىخىنىڭ شەكلى بىلەن زەنجىر نەقىشلىرىنى ئويدۇردى. [6] ئۇ ئۆيىنى ئالامەت چىرايلىق قىلىپ تاملىرىنى يەنە ئېسىل تاش-ياقۇتلار بىلەن زىننەتلەتتى. ئۇ ئىشلەتكەن ئالتۇنلار پەرۋايىم ئالتۇنى ئىدى. [7] ئۇ پۈتۈن ئۆيىنى، ئۆيىنىڭ لىملىرى، ئىشىك بوسۇغا-كېشەكلىرى، بارلىق تاملىرى ۋە ئىشىكلىرىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى؛ ئۇ تامغا كېرۇبلارنىڭ نەقىشلىرىنى ئويدۇردى. [8] سۇلايمان يەنە ئەڭ مۇقەددەس جاينى ياساتتى؛ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز بولۇپ (ئۆيىنىڭ كەڭلىكى بىلەن تەڭ ئىدى)، كەڭلىكىمۇ يىگىرمە گەز ئىدى؛ ئۇ ئۇنىڭ ئىچىنى پۈتۈنلەي ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى؛ ئالتۇن جەمئىي بولۇپ ئالتە يۈز تالانت ئىدى. [9] ئالتۇن مىقنىڭ ئېغىرلىقى جەمئىي ئەللىك شەكەل بولدى. بالىخانىلىرىنىڭ ئىچىمۇ ئالتۇن بىلەن قاپلاندى.

[10] ئەڭ مۇقەددەس جاي ئىچىدە ئۇ ئىككى كېرۇبنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. [11] ئىككى كېرۇبنىڭ قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەمئىي يىگىرمە گەز ئىدى؛ بىر كېرۇبنىڭ بىر قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش گەز بولۇپ، ئۆيىنىڭ تېمىغا تېگىپ تۇراتتى؛ ئىككىنچى تەرەپتىكى قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ بەش گەز بولۇپ، ئىككىنچى بىر كېرۇبنىڭ قانىتىغا يېتەتتى. [12] يەنە بىر كېرۇبنىڭ قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ بەش گەز بولۇپ، ئۇمۇ ئۆي تېمىغا تېگىپ تۇراتتى؛ ئىككىنچى بىر قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ بەش گەز بولۇپ، ئالدىنقى بىر كېرۇبنىڭ قانىتىغا يېتەتتى. [13] بۇ ئىككى كېرۇبنىڭ قاناتلىرى يېيىلغان ھالدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى جەمئىي يىگىرمە گەز كېلەتتى؛ ئىككىلا كېرۇب ئۆرە تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، يۈزلىرى ئۆيىنىڭ ئىچىگە قارايتتى.

8:3 **«ئالتە يۈز تالالنت»** — 600 تالانت بەلكىم 18.4 توننا ئىدى.

9:3 **«ئەللىك شەكەل»** — 50 شەكەل بەلكىم 600 گرام.

[14] سۇلايمان يەنە كۆك رەڭلىك، سۆسۈن رەڭلىك، توق قىزىل ۋە ئاق رەڭلىك يىپ توقۇلمىلىرىدىن ۋە نەپىس كاناپتىن ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى پەردىسىنى ياساتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرۇبلارنى كەشتە قىلىپ توقۇتتى.

[15] ئۆيىنىڭ ئالدىغا يەنە ئېگىزلىكى ئوتتۇز بەش گەز كېلىدىغان ئىككى تۈۋرۈك ياساپ قويدۇردى؛ ھەر تۈۋرۈكنىڭ بېشىنىڭ ئېگىزلىكى بەش گەز كېلەتتى. [16] ئۇ يەنە (ئىچكى كالامخانىدىكىدەك) مارجانسىمان زەنجىر ياسىتىپ، تۈۋرۈك باشلىرى ئۈستىگە ئورناتتى؛ ئۇ يۈز دانە ئانار ياسىتىپ ئۇلارنى زەنجىرلەرگە ئورناتتى. [17] ئۇ بۇ ئىككى تۈۋرۈكنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا، بىرسىنى ئوڭ تەرىپىدە، بىرسىنى سول تەرىپىدە تۇرغۇزدى؛ ئۇ ئوڭ تەرەپتىكىسىنى ياقىن، سول تەرەپتىكىسىنى بوئاز دەپ ئاتىدى.

4 [1] ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى يىگىرمە گەز، ئېگىزلىكى ئون گەز كېلىدىغان بىر مىس قۇربانگاھ ياساتتى. [2] ئۇ مىستىن «دېڭىز» ياساتتى؛ ئۇنىڭ شەكلى دۈگىلەك بولۇپ، ئۇ گىرۋىكىدىن بۇ گىرۋىكىگىچە ئون گەز كېلەتتى؛ ئېگىزلىكى بەش گەز، ئايلانمىسى ئوتتۇز گەز ئىدى. [3] «دېڭىز»نىڭ سىرتقى ئاستا قىسمى بۇقىنىڭ شەكلى بىلەن چۆرۈلدۈرۈپ بېزەلگەن بولۇپ، بۇقىلار ھەربىر گەزگە

16:3 **«كالامخانا»** ــ «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نىڭ «كالامخانا» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭدا خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرغان «ئەھدە تاش تاختىلىرى» (خۇدانىڭ كالامى) سېلىنغان «ئەھدە ساندۇقى» بار ئىدى؛ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بەلكىم بەزى ۋاقىتتا، باش كاھىن شۇ «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا كىرگەندە، خۇدانىڭ بېشارەتلىرى ئۇلارغا كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

17:3 **«ياقىن» ... «بوئاز»** ــ «ياقىن» دېگەن سۆز «ئۇ مۇستەھكەملەيدۇ» دېگەن مەنىدە؛ «بوئاز» بەلكىم «كۈچ بىلەن» ياكى «قۇدرەتتە» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن. ئىككى تۈۋرۈكنىڭ مەنىسى شۇ چاغدا «ئۇ (خۇدا) بۇنى (مۇقەددەس ئۆيىنى) قۇدرەت بىلەن مۇستەھكەملەيدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

2:4 **«دېڭىز»** ــ كاھىنلار يۇيۇنىدىغان چوڭ بىر داستۇر.

ئۇندىن، ئىككى قاتار قىلىنىپ، مىس «دېڭىز» بىلەن تەڭ قۇيۇپ
چىقىلغانىدى. 4 مىس «دېڭىز»نى ئون ئىككى مىس بۇقا كۆتۈرۈپ
تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئۈچى شىمالغا، ئۈچى غەربكە، ئۈچى جەنۇبقا، ئۈچى
شەرققە قاراپ تۇراتتى. «دېڭىز» بۇقىنىڭ دۈمبىسىگە ياتقۇزۇلغان
بولۇپ، بۇقىلارنىڭ قۇيرۇقى ئىچى تەرەپتە ئىدى. 5 مىس دېڭىزنىڭ
قېلىنلىقى بىر ئالقان بولۇپ، چۆرىسى چىنىنىڭ گىرۋىكىدەك
نىلۇپەر شەكلىدە قىلىنغان، ئۇنىڭغا ئۈچ مىڭ بات سۇ پاتاتتى.
6 ئۇ يەنە ئون «يۇيۇش دېسى» ياسىتىپ، بەشىنى مىس دېڭىزنىڭ
ئوڭ تەرىپىگە، بەشىنى سول تەرىپىگە قويغۇزدى؛ كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلارغا ئىشلىتىدىغان بۇيۇم-ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ
داسلاردا يۇيۇلاتتى؛ «دېڭىز» بولسا كاھىنلارنىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن
ئىشلىتىلەتتى.
7 ئۇ يەنە بەلگىلەنگەن شەكىلدە ئون ئالتۇن چىراغدان ياسىتىپ
مۇقەددەس جاينىڭ ئىچىگە ئورناتتى؛ ئۇنىڭ بەشىنى ئوڭ تەرەپكە،
بەشىنى سول تەرەپكە قويدۇردى. 8 يەنە ئون شىرە ياسىتىپ مۇقەددەس
جاينىڭ ئىچىگە قويغۇزدى؛ ئۇنىڭ بەشىنى ئوڭ تەرەپكە، بەشىنى
سول تەرەپكە قويغۇزدى. ئۇ يەنە يۈز دانە ئالتۇن چىنە ياساتتى.
9 ئۇ يەنە «كاھىنلار ھويلىسى»، چوڭ ھويلا ۋە چوڭ ھويلىنىڭ
دەرۋازىلىرىنى ياساتتى ۋە دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسىنى مىس بىلەن
قاپلاتتى. 10 ئۇ مىس «دېڭىز»نى ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، يەنى
شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە قويغۇزدى.
11 ھۇرام يەنە قازان، كۈرەك ۋە قاچا-قۇچىلارنى ئەتكۈزدى. ھۇرام شۇ
تەرىقىدە سۇلايمان پادىشاھ ئۈچۈن خۇدانىڭ ئۆيىنىڭ بارلىق قۇرۇلۇش
خىزمىتىنى پۈتتۈردى، 12 يەنى ئىككى تۈۋرۈك، ئىككى تۈۋرۈكنىڭ
ئۈستىدىكى ئاپقۇرسىمان ئىككى باش ۋە بۇ ئىككى باشنى يېپىپ

---

5:4 **«ئۈچ مىڭ بات سۇ»** ــ ئۈچ مىڭ بات مۆشۈ يەردە بەلكىم تەخمىنەن 30000 لىتر بولسا كېرەك ئىدى. ئىبادەتخانىدىكى سىخېمىلارنى كۆرۈڭ.

11:4 **«ھۇرام»** ــ يەنى ھۇرام-ئابى. 13:2نى كۆرۈڭ.

**تۇرىدىغان ئىككى تورنى ياسىتىپ پۈتتۈردى. [13] شۇ ئىككى تور ئۈستىگە
قايچىلاشتۇرۇلغان تۆت يۈز ئانارنى ياساتتى؛ بىر توردا ئىككى قاتار
ئانار بولۇپ، تۈۋرۈك ئۈستىدىكى ئاپقۇرسىمان ئىككى باشنى يېپىپ
تۇراتتى. [14] ئۇ ئون داس تەگلىكى ۋە داس تەگلىكىگە قويۇلىدىغان ئون
«يۇيۇش دېسى»نى، [15] «مىس دېڭىز» ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئون ئىككى
مىس بۇقىنى ياساتقۇزدى. [16] قازان، كۈرەك، ۋىلكا-ئىلمەكلەر، ۋە
مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئەسۋابلارنى ھۇرام-ئابى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى
دەپ سۇلايمان پادىشاھقا پارقىرايدىغان مىستا ياسىتىپ بەردى.
[17] پادىشاھ بۇلارنى ئىئوردان تۈزلەڭلىكىدە، سۇككوت بىلەن زەرەداتاھ
ئوتتۇرىسىدا، شۇ يەردىكى سېغىز لايدا قېلىپ ياساپ، قۇيدۇرۇپ
چىقتى. [18] سۇلايمان ياساتقۇزغان بۇ ئەسۋابلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ
ئىدى؛ كەتكەن مىسنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ بولمايتتى.
[19] سۇلايمان يەنە خۇدانىڭ ئۆيى ئىچىدىكى بارلىق ئەسۋابلارنى ياساتتى
ــ يەنى ئالتۇن خۇشبۇيگاھنى، «تەقدىم نان» قويۇلىدىغان شىرەلەرنى
[20] ۋە ساپ ئالتۇندا قىلىنغان چىراغدانلار بىلەن چىراغلىرىنى
ياساتقۇزدى؛ بۇ چىراغلار بەلگىلىمە بويىچە ئىچكى «كالامخانا»
ئالدىدا ياندۇرۇش ئۈچۈن بولدى. [21] ئۇ يەنە چىراغداننىڭ گۈللىرى،
چىراغ ۋە پىلىك قايچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالتۇندىن قىلدۇردى
(ئۇلار ساپ ئالدۇندىن ئىدى). [22] ئۇ يەنە پىچاقلار، تاۋاقلار، پىيالە-قاچا
ۋە كۈلدانلارنىڭ ھەممىسىنى ساپ ئالتۇندىن قىلدۇردى. ئۇ ئۆيىنىڭ
ئىشىكلىرىنى، يەنى ئىچىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرىدىغان
ئىچكى قاتلىما ئىشىكلەر ۋە ئۆيىنىڭ «مۇقەددەس جاي»ىنىڭ
تاشقىرىقى ئىشىكلىرىنى ئالتۇندىن قىلدۇردى.**

17:4 **«زەرەداتاھ»** ــ ياكى «زارەتان» («1پاد.» 46:17نى كۆرۈڭ).
20:4 **«كالامخانا»** ــ «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر. 16:3دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
22:4 **«پىچاقلار»** ــ ياكى «پىلىك قايچىلىرى» ياكى «لاخشىگىرلار». **«ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى، يەنى ئىچىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرىدىغان ئىچكى قاتلىما ئىشىكلەر ... ئالتۇندىن قىلدۇردى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرى، يەنى ئەڭ مۇقەددەس جايىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان قاتلىما ئىشىكلەر ۋە ئۆيىنىڭ «مۇقەددەس

5 [1] شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈچۈن قىلدىغان
بارلىق قۇرۇلۇشلار تامام بولغاندا، ئۇ ئاتىسى داۋۇت خۇداغا ئاتاپ
بېغىشلىغان نەرسىلەرنى (يەنى كۈمۈش، ئالتۇن ۋە ھەممە باشقا
بۇيۇملارنى) ئېلىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ خەزىنىلىرىگە
قويدۇردى.

## سۇلايمان ئەھدە ساندۇقىنى ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كىرىدۇ

1پاد. 8:1-66

[2] شۇ چاغدا سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى «داۋۇت
شەھىرى»دىن، يەنى زىئوندىن يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن ئىسرائىل
ئاقساقاللىرىنى، قەبىلە بەگلىرىنى ۋە ئىسرائىل جەمەتلىرىنىڭ
بەگلىرىنى يېرۇسالېمغا يىغىلىشقا چاقىردى. [3] بۇنىڭ ئۈچۈن
ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى ئېتانىم ئېيىدا، يەنى يەتتىنچى ئايدا،
بېكىتىلگەن ھېيتتا پادىشاھنىڭ قېشىغا يىغىلدى [4] ئىسرائىلنىڭ
ھەممە ئاقساقاللىرى يېتىپ كەلگەندە لاۋىيلار ئەھدە ساندۇقىنى
كۆتۈرۈپ ماڭدى. [5] ئۇلار ئەھدە ساندۇقىنى، جامائەت چېدىرى بىلەن
ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق مۇقەددەس بۇيۇملارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ
چىقتى. كاھىنلار بولغان لاۋىيلار مۇشۇلارنى ئېلىپ چىقتى.
[6] سۇلايمان پادىشاھ ۋە بارلىق ئىسرائىل جامائىتى ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئالدىدا مېڭىپ، كۆپلىكىدىن سانىنى ئېلىپ بولمايدىغان سان-
ساناقسىز قوي بىلەن كالىنى قۇربانلىق قىلىشاتاتتى. [7] كاھىنلار
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئۆز جايىغا، ئىبادەتخانىنىڭ
ئىچكى «كالامخانا»سىغا، يەنى ئەڭ مۇقەددەس جايغا ئېلىپ كىرىپ

---

جاي»نىڭ تاشقىرىقى ئىشىكلىرىنىڭ تۇرۇم-ئۇلگۈجەكلىرىنى ئالتۇندىن قىلدۇردى».

3:5 **«يەتتىنچى ئايدا بېكىتىلگەن ھېيت»** — بۇ ھېيت «كەپىلەر ھېيتى» (يەنە «چېدىر ھېيتى» ياكى «مېۋە ھوسۇل ھېيتى»مۇ دەپ ئاتىلاتتى)، 7-ئاينىڭ 15-22 كۈنلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ («لاۋ.» 34:23). ئىسرائىلنىڭ ئەرلىرى ئۇنىڭغا يېرۇسالېمدا قاتنىشىشى لازىم ئىدى.

5:5 **«جامائەت چېدىرى»** — ياكى «جامائەت يىغىلىدىغان چېدىر»، يەنى «ئىبادەت چېدىرى»

كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا قويدى. [8] كېرۇبلارنىڭ يېيىلىپ تۇرغان قانىتى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئورنى ئۈستىدە بولغاچقا، ئەھدە ساندۇقى بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بالداقلارنى يېپىپ تۇراتتى.
[9] بۇ بالداقلار ساندۇقنىڭ تۇتقۇچلىرىدىن ناھايىتى ئۇزۇن چىقىپ تۇرغاچقا، كالامخانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئەھدە ساندۇقىنىڭ يېنىدىكى ئىككى بالداقنىڭ ئۇچلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى، بىراق ئۆينىڭ سىرتىدا ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايتتى؛ بۇ بالداقلار تاكى بۈگۈنگە قەدەر شۇ يەردە تۇرماقتا. [10] ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىچىدە مۇسا پەيغەمبەر ھورەب تېغىدا تۇرغاندا ئىچىگە سالغان ئىككى تاختايدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى (ئىسرائىللار مىسىر زېمىنىدىن چىققاندىن كېيىن پەرۋەردىگار ئۇلار بىلەن ھورەبدە ئەھدە تۈزگەنىدى).
[11] كاھىنلار مۇقەددەس جايدىن چىقىشتى (شۇ يەردە ھازىر بولغان بارلىق كاھىنلار، ئۆز نۆۋىتىگە قارىماي ئۆزلىرىنى خۇداغا ئاتاپ پاكىزلىغانىدى؛ [12] نەغمە-ناۋاچى بارلىق لاۋىيلار، جۈملىدىن ئاساف، ھېمان، يەدۇتۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ھەم قېرىنداشلىرى چەكمەن تونلىرىنى كىيىشىپ، قۇربانگاھنىڭ شەرقىدە تۇرۇپ جاڭ، تەمبۇر ۋە چىلتارلار چېلىشىۋاتقانىدى؛ ئۇلار بىلەن بىللە كاناي چېلىۋاتقان يەنە بىر يۈز يىگىرمە كاھىن بار ئىدى) [13] ۋە شۇنداق بولدىكى، كانايچىلار بىلەن نەغمە-ناۋاچىلار ھەممىسى بىردەك چېلىپ، بىر ئاۋاز بىلەن پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-ھەمدۇسانا ئېيتىشىۋاتقاندا، يەنى كانايلار، جاڭلار ۋە ھەرخىل سازلارنى چېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «پەرۋەردىگار

---

7:5 **«كالامخانا»** ــ «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر. 16:3دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

9:5 **«بۈگۈنگە قەدەر...»** ــ بۇ ئىبارە شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، «تارىخ-تەزكىرە»نىڭ خاتىرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىبادەتخانا تېخى ئۆز جايىدا تۇرغان ۋاقىتىدا، سۈرگۈن بولۇشتىن ئىلگىرى يېزىلغان (36-باب، 11-23-ئايەتلەرنى بەلكىم كېيىنكى بىر خاتىرىچى قوشۇپ يازغان).

10:5 **«ھورەب تېغى»** ــ سىناي تېغىنىڭ باشقا بىر ئىسمىدۇر.

11:5 **«كاھىنلار... ئۆزلىرىنى خۇداغا ئاتاپ پاكىزلىغانىدى»** ــ مۇشۇ «پاكىزلاش» تەۋراتتىكى تاھارەت بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى (مەسىلەن، «لاۋ.» 21-باب، 1:22-9نى كۆرۈڭ).

مېھرىباندۇر، ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى ئەبەدىلئەبەدگىچىدۇر» دەپ
پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەۋاتقاندا ــ شۇ ھامان ئىبادەتخانا، يەنى
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى بىر بۇلۇت بىلەن تولدۇرۇلدى؛ [14]كاھىنلار ئەشۇ
بۇلۇت تۈپەيلىدىن ۋەزىپىلىرىنى ئۆتۈشكە تۇرالمايتتى، چۈنكى
پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى خۇدانىڭ ئۆيىنى تولدۇرغانىدى.

6 [1]بۇ پەيتتە سۇلايمان: ــ پەرۋەردىگار تۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە
تۇرىمەن، دەپ ئېيتقانىدى؛ [2]لېكىن، ئى پەرۋەردىگار، مەن سېنىڭ
ئۈچۈن بىر ھەيۋەتلىك ماكان بولسۇن دەپ، سەن مەڭگۈ تۇرىدىغان بىر
ئۆينى ياسىدىم، دېدى.
[3]ئاندىن پادىشاھ بۇرۇلۇپ بارلىق ئىسرائىل جامائىتىگە بەخت
تىلىدى؛ ئىسرائىلنىڭ بارلىق جامائىتى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. [4]ئۇ
مۇنداق دېدى: ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-
مەدھىيە بولغاي! ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئاتام داۋۇتقا ۋەدە قىلغانىدى ۋە
ئۆز قولى بىلەن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ئەسلىدە داۋۇتقا: ــ
[5]«مەن ئۆز خەلقىم ئىسرائىلنى مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىققان
كۈندىن بۇيان نامىم ئۈچۈن بۇ يەردە بىر ئۆي سالاي دەپ ئىسرائىلنىڭ
ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ شەھەرلىرىدىن ھېچقايسىسىنى
تاللىمىدىم، ياكى خەلقىم ئىسرائىلغا ھۆكۈمران بولۇشقا ھېچقايسى
ئادەمنى تاللىمىدىم؛ [6]ھالبۇكى، مەن نامىم شۇ يەردە بولسۇن دەپ
يېرۇسالېمنى تاللىدىم ۋە خەلقىم بولغان ئىسرائىلغا ھۆكۈمرانلىق
قىلسۇن دەپ داۋۇتنى تاللىدىم» دېگەنىدى.
[7]ئەمدى ئاتام داۋۇتنىڭ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا
ئاتاپ بىر ئۆي سېلىش ئارزۇ-نىيىتى بار ئىدى. [8]بىراق پەرۋەردىگار
ئاتام داۋۇتقا: «كۆڭلۈڭدە مېنىڭ نامىمغا بىر ئۆي ياساشقا قىلغان
نىيىتىڭ ياخشىدۇر؛ [9]ئەمما شۇ ئۆينى سەن ياسىمايسەن، بەلكى

2:6 **«ھەيۋەتلىك ماكان»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى «تۇرالغۇ-ماكان».

پۈشتۈڭدىن بولىدىغان ئوغلۇڭ، ئۇ مېنىڭ نامىمغا ئاتاپ شۇ ئۆينى سالىدۇ»، دېگەنىدى.

[10] مانا ئەمدى پەرۋەردىگار ئۆز سۆزىگە ئەمەل قىلدى. مەن پەرۋەردىگار ۋەدە قىلغىنىدەك، ئاتامنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئىسرائىلنىڭ تەختىگە ئولتۇردۇم؛ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا ئاتاپ بۇ ئۆينى سالدىم. [11] مەن بۇ ئۆيدە ئەھدە ساندۇقىنى قويدۇم؛ ئەھدە ساندۇقى ئىچىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللار بىلەن تۈزگەن ئەھدە تاختىلىرى باردۇر» دېدى.

## سۇلايمان ئىسرائىل ئۈچۈن دۇئا قىلدۇ

[12] ئاندىن سۇلايمان ئىسرائىلنىڭ بارلىق جامائىتىگە يۈزلىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانگاھىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ:

— [13] (چۈنكى بايا سۇلايمان مىستىن ئۇزۇنلۇقى بەش گەز، كەڭلىكى بەش گەز، ئېگىزلىكى ئۈچ گەز كېلىدىغان بىر پەشتاق ياسىتىپ، تاشقىرىقى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرغانىدى. ئۇ ئەنە شۇ پەشتاق ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ، پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ غۇلىچىنى ياياغانىدى)

[14] — ئۇ مۇنداق دۇئا قىلدى: — ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار! نە ئاسماندا نە زېمىندا سەندەك خۇدا يوقتۇر؛ سېنىڭ ئالدىڭدا پۈتۈن قەلبى بىلەن ماڭىدىغان ئۆز قۇللىرىڭ ئۈچۈن ئەھدەڭدە تۇرۇپ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى كۆرسىتىسەن. [15] چۈنكى سەن ئۆز قۇلۇڭ ئاتام داۋۇتقا بەرگەن ۋەدەڭدە تۇردۇڭ؛ سەن ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېيتقان سۆزۈڭنى مانا بۈگۈنكىدەك ئۆز قولۇڭ بىلەن ۋۇجۇدقا چىقاردىڭ. [16] ئەمدى ھازىر، ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار، ئۆز قۇلۇڭ ئاتام داۋۇتقا: — «ئەگەر سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئۆز يوللىرىغا سەگەك بولۇپ سەن مېنىڭ ئالدىمدا ماڭغاندەك، قانۇنۇمغا ئەمەل قىلىپ ماڭسىلا، ساڭا ئەۋلادىڭدىن ئىسرائىلنىڭ تەختىدە ئولتۇرىدىغان بىر زات كەم بولمايدۇ» دەپ بەرگەن ۋەدەڭدە تۇرغايسەن. [17] ئەمدى ھازىر،

ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، سەن قۇلۇڭ داۋۇتقا ئېيتقان سۆزلىرىڭ
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاي، دەپ ئۆتۈنىمەن!
18 لېكىن خۇدا ئۆزى راستلا يەر يۈزىدە ئىنسانلار بىلەن ماكان قىلامدۇ؟
مانا، ئاسمانلار بىلەن ئاسمانلارنىڭ ئاسمىنى سېنى سىغدۇرالمايدىغان
يەردە، مەن ياسىغان بۇ ئۆي قانداقمۇ سېنىڭ ماكانىڭ بولالىسۇن؟!
19 لېكىن ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، قۇلۇڭنىڭ دۇئا ۋە ئىلتىجاسىغا قۇلاق
سېلىپ، قۇلۇڭنىڭ ساڭا كۆتۈرگەن نىداسى ۋە تىلىكىنى ئاڭلىغايسەن.
20 شۇنىڭ بىلەن ئۆز كۆزلىرىڭنى كېچە-كۈندۈز بۇ ئۆيگە، يەنى سەن:
«مېنىڭ نامىمنى ئۇ يەردە ئايان قىلىمەن» دەپ ئېيتقان جايغا كېچە-
كۈندۈز تىككەيسەن؛ ئۆز قۇلۇڭنىڭ ئۇ جايغا قاراپ قىلغان دۇئاسىغا قۇلاق
سالغايسەن. 21 قۇلۇڭ ۋە خەلقىڭ ئىسرائىل بۇ جايغا قاراپ دۇئا قىلغان
چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئۆز ماكانىڭ قىلغان
ئاسمانلاردىن تۇرۇپ ئاڭلىغايسەن، ئاڭلىغىنىڭدا ئۇلارنى كەچۈرگەيسەن.
22 ئەگەر بىرسى ئۆز قوشنىسىغا گۇناھ قىلسا ۋە شۇنداقلا ئىشنىڭ
راست-يالغانلىقىنى بېكىتىش ئۈچۈن قەسەم ئىچكۈزۈلسە، بۇ قەسەم
بۇ ئۆيدىكى قۇربانگاھىڭنىڭ ئالدىغا كەلسە، 23 سەن قەسەمنى
ئاسماندا تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئامال قىلىپ ئۆز بەندىلىرىڭ ئوتتۇرىسىدا
ھۆكۈم چىقارغايسەن؛ گۇناھى بار ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۆزىگە
قايتۇرۇپ، ئۆز يولىنى ئۆز بېشىغا ياندۇرۇپ، گۇناھسىز ئادەمنى ئاقلاپ
ئۆز ئادىللىقىغا قاراپ ئۇنىڭغا ھەققىنى بەرگەيسەن.
24 ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىل سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن
دۈشمەندىن يېڭىلسە، يامانلىقىدىن قايتىپ بۇ ئۆيدە تۇرۇپ،

---

20:6 **«ئۆز قۇلۇڭنىڭ ئۇ جايغا قاراپ قىلغان دۇئاسى»** — ياكى بولمىسا: «ئۆز قۇلۇڭنىڭ ئۇ جاي توغرىسىدىكى دۇئاسى...»

22:6 **«ئەگەر... ئىشنىڭ راست-يالغانلىقىنى بېكىتىش ئۈچۈن قەسەم ئىچكۈزۈلسە...»** — بۇنداق قەسەم توغرۇلۇق «چۆل.» 5:11-31نى كۆرۈڭ. «قەسەم بۇ ئۆيدىكى قۇربانگاھىڭنىڭ ئالدىغا كەلسە...» مۇمكىنچىلىكى باركى، ئىسرائىلدا مۇشۇنداق قەسەملەرنى ئىچىش ئۈچۈن قۇربانگاھنىڭ ئالدىغا كېلىش كېرەك ئەمەس ئىدى، پەقەت: «خۇدانىڭ قۇربانگاھى ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى...» دېگەندەك سۆزلەر ئېيتىلغان بولسا «نەق قۇربانگاھ ئالدىدا تۇرغاندەك» ھېسابلىناتتى.

نامىڭنى ئېتىراپ قىلىپ ساڭا دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلسا، 25 سەن
ئاسماندا ئاڭلاپ، ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ،
ئۇلارنى سەن ئاتا-بوۋىلىرىغا ۋە ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلغان زېمىنغا
قايتۇرۇپ كەلگەيسەن.
26 ئۇلار ساڭا گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن ئاسمان ئېتىلىپ يامغۇر
ياغمايدىغان قىلىۋېتىلگەن بولسا، لېكىن ئۇلار بۇ جايغا قاراپ ساڭا
دۇئا قىلىپ نامىڭنى ئېتىراپ قىلىپ، سېنىڭ ئۇلارنى قىيىنچىلىققا
سالغىنىڭ تۈپەيلىدىن ئۆز گۇناھىدىن يېنىپ توۋا قىلسا، 27 سەن
ئاسماندا تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ، قۇللىرىڭنىڭ ۋە خەلقىڭ ئىسرائىلنىڭ
گۇناھىنى كەچۈرگەيسەن؛ چۈنكى سەن ئۇلارغا مېڭىش كېرەك بولغان
ياخشى يولنى ئۆگىتىسەن ۋە ئۆز خەلقىڭگە مىراس قىلىپ بەرگەن
زېمىنىڭنىڭ ئۈستىگە يامغۇر ياغدۇرىسەن!
28 ئەگەر زېمىندا ئاچارچىلىق يا ۋابا بولسا، يا زىرائەتلەر دان ئالمىسا
يا ھال چۈشسە يا ئۈنى چېكەتكىلەر ياكى چېكەتكە لىچىنكىلىرى
بېسىۋالسا، يا دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ زېمىندىكى شەھەرلىرىنىڭ
قوۋۇقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ قورشىۋالسا، يا ھەرقانداق ئاپەت يا
كېسەللىك بولسا، 29 ئۇنداقتا بارلىق خەلقىڭ ئىسرائىل بولسۇن،
ھەرقانداق كىشى بولسۇن، ئۆزىگە كەلگەن ئاپەتنى ۋە ئۆز دەردىنى
بىلىپ، قوللىرىنى بۇ ئۆيگە سۇنۇپ، مەيلى قانداق دۇئا ياكى ئىلتىجا
قىلسۇن، 30 ئەمدى سەن تۇرۇۋاتقان ماكانىڭ ئاسماندا تۇرۇپ ئاڭلاپ،
كەچۈرۈم قىلغايسەن، سەن ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىنى بىلگەچكە،
ئۆزىنىڭ يوللىرىنى ئۆزىگە ياندۇرغايسەن (چۈنكى سەنلا، پەقەت
سەنلا ھەممە ئىنسان بالىلىرىنىڭ قەلبلىرىنى بىلگۈچىدۇرسەن)؛
31 شۇنداق قىلىپ، ئۇلار سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا تەقدىم قىلغان
زېمىندا ئولتۇرۇپ ئۆمرىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە سەندىن قورقۇپ
يوللىرىڭدا ماڭىدىغان بولىدۇ.
32 ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىلدىن بولمىغان، سېنىڭ ئۇلۇغ نامىڭ،
قۇدرەتلىك قولۇڭ ۋە سوزغان بىلىكىڭ تۈپەيلىدىن يىراق-يىراقلاردىن

كەلگەن مۇساپىر بولسا، ئۇ كېلىپ بۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلسا، [33] سەن تۇرۇۋاتقان ماكانىڭ بولغان ئاسمانلاردا ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ، ئۇ مۇساپىر ساڭا نىدا قىلىپ تىلىگىنىنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق قىلغايسەن؛ شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر نامىڭنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىلدەك سەندىن قورقىدىغان بولۇپ، مەن ياسىغان بۇ ئۆينىڭ سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتالغىنىنى بىلىدۇ.

[34] ئەگەر سېنىڭ خەلقىڭ سېنىڭ تاپشۇرۇقۇڭ بىلەن دۈشمىنى بىلەن جەڭ قىلىشقا چىققاندا، سەن تاللىغان بۇ شەھەرگە، شۇنداقلا مەن نامىڭغا ئاتاپ ياسىغان بۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ سەن پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلسا، [35] سەن ئاسمانلاردا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ئىلتىجاسىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنى نۇسرەتكە ئېرىشتۈرگەيسەن.

[36] ئەگەر ئۇلار ساڭا گۇناھ سادىر قىلغان بولسا (چۈنكى گۇناھ قىلمايدىغان ھېچكىشى يوقتۇر) سەن ئۇلارغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرغان بولساڭ، بۇلار ئۇلارنى يىراق-يېقىنغا، ئۆز زېمىنىغا سۈرگۈن قىلىپ ئېلىپ بارغان بولسا، [37] لېكىن ئۇلار سۈرگۈن قىلىنغان يۇرتتا ئەس-ھوشىنى تېپىپ تووۋا قىلىپ، ئۆزى سۈرگۈن بولغان يۇرتتا ساڭا: — بىز گۇناھ قىلىپ، قەبىھلىككە بېرىلىپ سەندىن يۈز ئۆرۈپ كەتتۇق، دەپ يېلىنسا، [38] — ئەگەر ئۇلارنى سۈرگۈن قىلغانلارنىڭ زېمىنىدا پۈتۈن قەلبى ۋە پۈتۈن جېنىدىن سېنىڭ تەرىپىڭگە يېنىپ، سەن ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقدىم قىلغان زېمىنىغا، سەن تاللىغان شەھەر تەرەپكە ۋە مەن نامىڭغا ئاتاپ ياسىغان بۇ ئۆي تەرەپكە يۈزىنى قىلىپ دۇئا قىلسا، [39] سەن تۇرۇۋاتقان ماكانىڭ بولغان ئاسمانلاردا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دۇئاسى ۋە ئىلتىجالىرىنى ئاڭلاپ ئۇلار ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆز خەلقىڭنىڭ ساڭا سادىر قىلغان گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغايسەن؛ [40] ئەمدى ئى خۇدايىم، سەندىن ئۆتۈنىمەن، بۇ يەردە

33:6 **«بۇ ئۆي سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتالغىنى»** — بۇ ئىبارە خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى توغرۇلۇق «بۇ ئۆي مېنىڭكىدۇر» ۋە «بۇ ئۆيدە مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىم ئايان قىلىنىدۇ» دېگەندەك ئىككى مەقسەتنى كۆرسىتىدۇ.

قىلغان دۇئالارغا كۆزۈڭ ئوچۇق، قۇلىقىڭ دىڭ بولغاي!
[41] ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ئى پەرۋەردىگار خۇدا،
سەن قۇدرىتىڭنىڭ ئىپادىسى بولغان ئەھدە ساندۇقۇڭ بىلەن،
ئۆز ئارامگاھىڭغا كىرگەيسەن!
كاھىنلىرىڭ ھەققانىيلىق بىلەن كىيدۈرۈلسۇن،
مۆمىن بەندىلىرىڭ ياخشىلىقىڭدىن شادلانسۇن!
[42] ئى پەرۋەردىگار خۇدا، ئۆزۈڭ مەسىھ قىلغىنىڭنىڭ يۈزىنى ياندۇرمىغايسەن؛
قۇلۇڭ داۋۇتقا كۆرسەتكەن ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن!».

## سۇلايمان ئىبادەتخانىنى خۇداغا بېغىشلايدۇ

7 [1] سۇلايمان دۇئاسىنى تۈگىتىشىگىلا، ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق ھەمدە باشقا قۇربانلىقلارنى قويماي كۆيدۈرۈۋەتتى؛ پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ئۆينى تولدۇردى. [2] پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ئۆينى تولدۇرۇۋەتكەچكە، كاھىنلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرەلمىدى. [3] ئوت چۈشكەنلىكىنى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ئۆينىڭ ئۈستىدە توختىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى تاش ياتقۇزۇلغان مەيداندا يۈكۈنۈپ باش ئۇرۇپ: «پەرۋەردىگار مېھرىباندۇر، ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى مەڭگۈگىچە تۇرىدۇ!» دەپ پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىپ تەشەككۈر-مەدھىيە ئوقۇشتى. [4] پادىشاھ ۋە پۈتكۈل خەلق پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قۇربانلىقلىرىنى سۇندى. [5] سۇلايمان پادىشاھ يىگىرمە ئىككى مىڭ

---

42:6 **«ئۆزۈڭ مەسىھ قىلغىنىڭ»** — بۇ، بەلكىم داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى. خۇدانىڭ «مەسىھ قىلغىنى» توغرۇلۇق «زەبۇر» 2-كۈي ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ. **«قۇلۇڭ داۋۇتقا كۆرسەتكەن ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ»** — شۈبھىسىزكى، بۇ ئىبارە خۇدانىڭ داۋۇتقا قىلغان بارلىق ۋەدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كالا، بىر يۈز يىگىرمە مىڭ قوينى قۇربانلىق قىلىپ سۇندى. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ۋە پۈتكۈل خەلق خۇدانىڭ ئۆيىنى خۇداغا بېغىشلىدى.
[6]كاھىنلار ۋە شۇنداقلا پەرۋەردىگارغا ئاتىغان سازلارنى تۇتقان لاۋىيلار ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇراتتى (پادىشاھ داۋۇت بۇ سازلارنى پەرۋەردىگارنىڭ مەدھىيىسىدە ئىشلەتكىلى ياسىغانىدى، ئۇ پەرۋەردىگارغا: «ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى ئەبەدگىچىدۇر» دەپ مەدھىيە ئوقۇغىنىدا ئۇلارنى ئىشلەتتى)؛ كاھىنلار لاۋىيلارنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ كاناي چېلىشاتتى؛ ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئۆرە تۇرۇشقانىدى.
[7]سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ مۇقەددەس قىلىپ، ئۇ يەردە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ ياغلىرىنى سۇندى؛ چۈنكى سۇلايمان ياساتقان مىس قۇربانگاھ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار، ئاش ھەدىيىلىرى ۋە قۇربانلىقلارنىڭ ياغلىرىنى قوبۇل قىلىشقا كىچىك كەلدى. [8]شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاقىتتا سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان پۈتۈن ئىسرائىل، يەنى خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىدىن تارتىپ مىسىر ئېقىنىغىچە ھەممە يەرلەردىن كەلگەن زور بىر جامائەت ھېيت ئۆتكۈزدى. [9]سەككىزىنچى كۈنى ئۇلار تەنتەنىلىك بىر ئىبادەت يىغىلىشى ئۆتكۈزدى؛ ئۇلار يەتتە كۈن قۇربانگاھنى خۇداغا ئاتاپ بېغىشلىغانىدى ئاندىن ئۇلار يەنە يەتتە كۈن ھېيت ئۆتكۈزدى.
[10]يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھ خەلقنى ئۆز ئۆي-چېدىرلىرىگە قايتۇردى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتقا، سۇلايمانغا ۋە ئۆز خەلقى ئىسرائىلغا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن قەلبىدە شاد-خۇرام بولۇپ قايتىپ كەتتى.
[11]شۇنداق قىلىپ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ۋە پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ياساپ پۈتتۈردى. سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە پەرۋەردىگارنىڭ

---

8:7 «**خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىدىن تارتىپ...**» ــ ياكى «لىبو-خاماتتىن تارتىپ...».

9:7 «**... يەنە يەتتە كۈن ھېيت ئۆتكۈزدى**» ــ «كەپىلەر ھېيتى» بېكىتىلگەن ۋاقىت يەتتە كۈن ئىدى. ئىسرائىللار مۇشۇ ۋاقىتقا يەنە يەتتە كۈن قوشتى.

ئۆيىدە ۋە ئۆزىنىڭ ئوردىسىدا نىمە قىلىش كەلگەن بولسا، شۇ
ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق پۈتتى.

## پەرۋەردىگار سۇلايمانغا ۋەدە ھەم ئاگاھ بېرىدۇ

1پاد. 9:1-9

12 ئاندىن پەرۋەردىگار كېچىدە سۇلايمانغا ئايان بولۇپ ئۇنىڭغا: «مەن
سېنىڭ دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم ۋە ئۆزۈمگىمۇ بۇ جاينى «قۇربانلىق
ئۆيى» بولۇشقا تاللىدىم. 13 ئەگەر مەن ئاسماننى يامغۇر ياغمايدىغان
قىلىپ ئېتىۋەتسەم ياكى چېكەتكىلەرگە زېمىندىكى مەھسۇلاتلارنى
يەپ تاشلاشنى بۇيرۇسام ۋە ياكى خەلقىم ئارىسىغا ۋابا تارقىتىۋەتسەم،
14 شۇ چاغدا نامىم بىلەن ئاتالغان بۇ خەلقىم ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ،
دۇئا قىلىپ يۈزۈمنى ئىزلەپ، رەزىل يوللىرىدىن يانسا، مەن
ئاسماندا تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىمەن ۋە زېمىنىنى
ساقايتىمەن. 15 ئەمدى بۇ يەردە قىلىنغان دۇئالارغا مېنىڭ كۆزلىرىم
ئوچۇق ۋە قۇلاقلىرىم دىق بولىدۇ. 16 مەن ئەمدى نامىم مەڭگۈ بۇ
يەردە ئايان قىلىنسۇن دەپ بۇ ئۆيىنى تاللاپ، ئۇنى ئۆزۈمگە مۇقەددەس
قىلدىم؛ كۆزۈممۇ، قەلبىممۇ ھەمىشە شۇ يەردە بولىدۇ.
17 سەن بولساڭ، ئاتاڭ داۋۇتنىڭ ئالدىمدا ماڭغىنىدەك سەنمۇ
ساڭا بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلىش ئۈچۈن
بەلگىلىمىلىرىم ۋە ھۆكۈملىرىمنى تۇتۇپ ئالدىمدا ماڭساڭ، 18 مەن
ئەمدى ئاتاڭ داۋۇتقا: «ئىسرائىلنىڭ تەختىدە ساڭا ئەۋلادىڭدىن
ئولتۇرۇشقا بىر زات كەم بولمايدۇ» دەپ ئەھدە قىلغىنىمدەك، مەن
سېنىڭ پادىشاھلىق تەختىڭنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە مەھكەم
قىلىمەن. 19 بىراق ئەگەر سىلەر مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، مەن سىلەرنىڭ
ئالدىڭلاردا جاكارلىغان بەلگىلىمىلىرىم ۋە ئەمرلىرىمنى تاشلاپ،

---

11:7 **«ئوردا»** ــ بۇ ئايەتتە «ئۆي» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

14:7 **...ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ساقايتىمەن** ــ مۇشۇ دېگەنلىك خۇدانىڭ قەھەتچىلىك، چېكەتكىلەر ۋە ۋابالار يەتكۈزگەن زىياننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

باشقا ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرىپ چوقۇنساڭلار، [20]شۇ چاغدا مەن
ئىسرائىلنى ئۇلارغا تەقدىم قىلغان زېمىندىن يۇلۇپ تاشلايمەن؛
ۋە ئۆز نامىمنى كۆرسىتىشكە ئۆزۈمگە مۇقەددەس قىلغان بۇ ئۆينى
نەزىرىمدىن تاشلايمەن ۋە ئىسرائىلنى ھەممە خەلقلەر ئارىسىدا
سۆز-چۆچەك ۋە تاپا-تەنىنىڭ ئوبيېكتى قىلىمەن؛ [21]بۇ ئۆي گەرچە
ھازىر ئۇلۇغ بولسىمۇ، شۇ زاماندا ئۇنىڭدىن ئۆتكەنلەرنىڭ
ھەممىسى قاتتىق ھەيران قىلىشىپ: «پەرۋەردىگار بۇ زېمىنغا ۋە
بۇ ئۆيگە نېمىشقا شۇنداق قىلغاندۇ؟» دەپ سورايدۇ. [22]كىشىلەر:
— چۈنكى زېمىندىكى خەلقلەر ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى، يەنى
ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدىن چىقارغان پەرۋەردىگارنى تاشلاپ،
ئۆزلىرىنى باشقا ئىلاھلارغا باغلاپ، ئۇلارغا سەجدە قىلىپ
قۇللۇقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇ پۈتكۈل كۈلپەتنى ئۇلارنىڭ
بېشىغا چۈشۈرۈپتۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

## قۇرۇلۇشلار ۋە سودا-سېتىقلار

1پاد. 9:10-28

8 [1]شۇنداق بولدىكى، يىگىرمە يىل ئۆتۈپ، سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيى بىلەن پادىشاھنىڭ ئۆيىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، [2]ئۇ
ھىرام ئۆزىگە سوۋغا قىلغان شەھەرلەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى؛
ئىسرائىللار شۇ يەردە ئولتۇراقلاشتى.
[3]سۇلايمان خامات-زوباھ شەھىرىگە بېرىپ ئۇنى ئىشغال قىلدى.
[4]ئۇ يەنە چۆلدىكى تادمورنى ۋە ئۆزىنىڭ خاماتتا قۇرغان بارلىق خەزىنە
شەھەرلىرىنى يەنە ئۇگىشىتىپ قۇردى. [5]ئۇ يەنە ئۈستۈنكى بەيت-
ھورون بىلەن ئاستىنقى بەيت-ھورونىنى سېپىل، بالداقلىق قوۋۇقلىرى

21:7 «بۇ ئۆي گەرچە ھازىر ئۇلۇغ بولسىمۇ...» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بۇ ئۆي بىر خارابە بولىدۇ،...»
2:8 «ھىرام» — ياكى «ھۇرام»، يەنى تۇرنىڭ پادىشاھى.

بولغان قورغانلىق شەھەرلەرگە ئايلاندۇردى؛ [6]بائالاتنى، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ھەممە خەزىنە شەھەرلىرىنى، «جەڭ ھارۋىسى شەھەرلىرى»نى، ئاتلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرغان شەھەرلەرنى ۋە يېرۇسالېمدا، لىۋاندا ۋە ئۆزى سورايدىغان بارلىق زېمىندا خالىغىنىنى بىنا قىلدى.

[7]ئىسرائىلدىن بولمىغان ھىتتىيلار، ئامورىيلار، پەرىززىيلەر، ھىۋىيلار ۋە يەبۇسىيلاردىن ئىسرائىل زېمىنىدا قېلىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى بولسا، [8]سۇلايمان بۇلارنى، يەنى ئىسرائىللار پۈتۈنلەي يوقاتمىغان ئەللەرنىڭ قالغان ئەۋلادلىرىنى قۇللۇق ھاشارغا تۇتتى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈنگىچە شۇنداق بولۇپ كەلدى. [9]لېكىن ئىسرائىللاردىن سۇلايمان ئۆز ئىشلىرى ئۈچۈن ھېچكىمنى قۇل قىلماي، بەلكى ئۇلارنى لەشكەر، ھۆكۈمدار-ئەمەلدار، ھارۋا بىلەن ئاتلىقلارنىڭ سەردارلىرى قىلدى. [10]بۇلاردىن پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئۈستىگە قويغان چوڭ نازارەتچىلىرى بولۇپ، ئىككى يۈز ئەللىك ئىدى.

[11]سۇلايمان پىرەۋننىڭ قىزىنى «داۋۇتنىڭ شەھىرى»دىن ئۆزى ئۇنىڭغا سالدۇرغان ئوردىغا ئەكەلتۈردى؛ چۈنكى ئۇ: «ئايالىمنىڭ ئىسرائىل پادىشاھى داۋۇتنىڭ ئوردىسىدا تۇرۇشى مۇۋاپىق ئەمەس؛ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى بارغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەستۇر»، ــ دېدى.

**8:8 «ئىسرائىللار پۈتۈنلەي يوقاتمىغان ئەللەر...»** ــ بۇ ۋەقەلەر يەشۇئا پەيغەمبەر زامانىدا بولغان. تەۋراتتىكى «يەشۇئا»نى كۆرۈڭ. مۇشۇ ھاشارچىلار 5:13-16دە خاتىرىلەنگەنلەردىن باشقا ھاشارچىلار بولسا كېرەك ئىدى. **«ئۇلار بۈگۈنكى كۈنگىچە شۇنداق بولۇپ كەلدى»** ــ بۇ سۆز ئىسرائىللار تېخى ئۆز ۋەتىنىدە تۇرغان ۋاقىتدا خاتىرىلەنگەن، ئەلۋەتتە.

**10:8 «چوڭ نازارەتچىلىرى... ئىككى يۈز ئەللىك ئىدى»** ــ «1پاد.» 23:9دە بۇ سان بەش يۈز ئەللىك دېيىلىدۇ. بەلكى بۇ سانلار باشقا-باشقا ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**11:8 «سۇلايمان پىرەۋننىڭ قىزىنى ... ئۆزى ئۇنىڭغا سالدۇرغان ئوردىغا ئەكەلتۈردى؛ چۈنكى ئۇ: «ئايالىمنىڭ ئىسرائىل پادىشاھى داۋۇتنىڭ ئوردىسىدا تۇرۇشى مۇۋاپىق ئەمەس»** ــ ئۇنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ سەۋەبى، پىرەۋننىڭ قىزى يەھۇدىي بولمىغاچقا ۋە بەلكىم پەرۋەردىگاردىن قورقمىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

[12]سۇلايمان بۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانگاھىدا، يەنى مۇقەددەس جاينىڭ ئايۋىنىنىڭ ئالدىغا سالدۇرغان قۇربانگاھتا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق تەقدىم قىلاتتى؛ [13]— يەنى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ھەر كۈنى، شابات كۈنلىرىدە، ئاينىڭ بىرىنچى كۈنلىرىدە ۋە ھەر يىلدا ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئالاھىدە ھېيت كۈنلىرىدە — «پېتىر نان ھېيتى»، «ھەپتىلەر ھېيتى» ۋە «كەپىلەر ھېيتى»دىكى كۈنلەردە بېكىتىلگەن بۇرچلۇق قۇربانلىقلارنى قىلاتتى. [14]سۇلايمان يەنە ئاتىسى داۋۇتنىڭ بەلگىلەپ بەرگىنى بويىچە كاھىنلارنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ۋە لاۋىيلارنىڭ بۇرچلىرىنىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن نۆۋەت-گۇرۇپپىلارنى بېكىتتى؛ لاۋىيلارنىڭ ھەر كۈنى مەدھىيە ئوقۇش ۋە كاھىنلارنىڭ ئالدىدا خىزمەتلەرنى ئادا قىلىش بۇرچى بار ئىدى. سۇلايمان يەنە دەرۋازىۋەنلەرنى نۆۋەتى بويىچە ھەر دەرۋازىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بېكىتتى؛ چۈنكى خۇدانىڭ ئادىمى داۋۇتنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق ئىدى. [15]كاھىن-لاۋىيلار پادىشاھنىڭ كاھىنلارغا ۋە لاۋىيلارغا بۇيرۇغانلىرىدىن، مەيلى قانداق ئىش بولسۇن ياكى خەزىنىلەرگە دائىر ئىش بولسۇن ھېچ باش تارتمايتتى.

[16]پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى سېلىشتا، ئۆي ئۇلى سېلىنغان كۈندىن تارتىپ پۈتكۈچە سۇلايماننىڭ بارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرى پۇختا تاماملاندى. شۇنداق قىلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى پۈتتى.

[17]ئاندىن سۇلايمان ئېدوم زېمىنىدا قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئەزىئون-گەبەرگە ۋە ئېلاتقا قاراپ ماڭدى. [18]ھۇرام پادىشاھ ئۆز خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق كېمىلەر ۋە دېڭىز يوللىرىغا پىششىق ئادەملىرىنى سۇلايماننىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇلار سۇلايماننىڭ

13:8 **«پېتىر نان ھېيتى»** — يەنە «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» ياكى «پاسخا ھېيتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» «پېتىر نان ھېيتى»نىڭ بىرىنچى كۈنىدىلا ئۆتكۈزۈلىدۇ. **«كەپىلەر ھېيتى»** — «ھەپتىلەر ھېيتى» — يەنى «دەسلەپكى ھوسۇل ھېيتى» دەپ ئاتىلىدۇ

خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە ئوفىرغا بېرىپ، ئۇ يەردىن تۆت يۈز ئەللىك تالانت ئالتۇن ئېلىپ، ئۇنى پادىشاھ سۇلايماننىڭ قېشىغا يەتكۈزۈپ كەلدى.

## شېبانىڭ ئايال پادىشاھى دانالىقنى ئىزدەپ كېلىدۇ

1پاد. 10:1-3

9 [1] شېبانىڭ ئايال پادىشاھى بولسا سۇلايماننىڭ داڭق-شۆھرىتىنى
ئاڭلاپ، ئۇنى قىيىن چىگىش-سوئاللار بىلەن سىنىغىلى
يېرۇسالېمغا كەلدى. ئۇ خۇشبۇي بۇيۇملار، ئىنتايىن تولا ئالتۇن ۋە
ياقۇت-گۆھەرلەر ئارتىلغان تۆگىلەرنى ئېلىپ، چوڭ دەبدەبە بىلەن
كەلدى. سۇلايماننىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ھەممە
ئىش توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. [2] سۇلايمان ئۇنىڭ ھەممە
سورىغانلىرىغا جاۋاب بەردى. ھېچنېمە سۇلايمانغا قاراڭغۇ ئەمەس
ئىدى، بەلكى ھەممىسىدە ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى.
[3] شېبانىڭ ئايال پادىشاھى سۇلايماننىڭ دانالىقىغا، ياسىغان ئوردا-
سارايىغا، [4] داستىخاندىكى تائاملارغا، ئەمەلدارلارنىڭ قاتار-قاتار
ئولتۇرۇشلىرىغا، خىزمەتكارلىرىنىڭ قاتار-قاتار تۇرۇشلىرىغا،
ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىگە، ئۇنىڭ ساقىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
كىيگەن كىيىملىرىگە ۋە ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ئاتاپ سۇنغان
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىغا قاراپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
[5] ئۇ پادىشاھقا: ــ مەن ئۆز يۇرتۇمدا سىلىنىڭ ئىشلىرى ۋە دانالىقلىرى

---

18:8 «تۆت يۈز ئەللىك تالانت ئالتۇن» ــ 450 تالانت بەلكىم 15 توننا ئىدى. «ھۇرام ئۆز خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق كېمىلەر ۋە دېڭىز يوللىرىغا پىششىق ئادەملىرىنى سۇلايماننىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ... ئوفىرغا بېرىپ، ئۇ يەردىن ... ئالتۇن ئېلىپ، ئۇنى پادىشاھ سۇلايماننىڭ قېشىغا يەتكۈزۈپ كەلدى» ــ ھۇرامنىڭ كېمىلىرى بەلكىم يۇقىرىدا 17-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئەزىئون-گەبەر ۋە ئېلات دېگەن پورتلارغا بېرىپ-كېلەتتى.

4:9 «ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى» ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭدا روھ قالمىدى». دېمەك، ئىنتايىن ھەيران قالدى.

توغرىسىدا ئاڭلىغان خەۋەر راست ئىكەن؛ 6ئەمما مەن كېلىپ ئۆز
كۆزلىرىم بىلەن كۆرمىگۈچە بۇ سۆزلەرگە ئىشەنمىگەنىدىم؛ ۋە مانا،
مەن ھەتتا يېرىمىنىمۇ ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن؛ سىلىنىڭ دانالىقلىرى
بىلەن بەرىكەت-باياشاتلىقلىرى مەن ئاڭلىغان خەۋەردىن زىيادە
ئىكەن. 7سىلىنىڭ ئادەملىرى نېمىدېگەن بەختلىك-ھە! ھەمىشە
سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا تۇرۇپ دانالىقلىرىنى ئاڭلايدىغان بۇ
خىزمەتكارلىرى نەقەدەر بەختلىكتۇر! 8سىلىدىن سۆيۈنگەن، سىلىنى
ئۆزى ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزغان پەرۋەردىگار
خۇدالىرى مۇبارەكتۇر! خۇدالىرى ئىسرائىلغا باغلىغان مۇھەببىتى
ئۈچۈن، ئۇلارنى مەڭگۈ مەزمۇت تۇرسۇن دەپ ئۇ سىلىنى توغرا ھۆكۈم
ۋە ئادالەت سۈرگىلى ئۇلار ئۈستىگە پادىشاھ قىلدى، دېدى.
9ئۇ پادىشاھقا بىر يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇن، ئىنتايىن كۆپ
خۇشبۇي بۇيۇملار ۋە ياقۇت-گۆھەرلەرنى سوۋغا قىلدى. شېبانىڭ
ئايال پادىشاھى سۇلايمان پادىشاھقا سۇنغان شۇنچە زور مىقداردىكى
خۇشبۇي بۇيۇملار شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كۆرۈنگەن ئەمەس
10(ئوفىردىن ئالتۇنلارنى ئەكېلىدىغان ھۇرامنىڭ خىزمەتكارلىرى
ۋە سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرى يەنە ئىنتايىن زور مىقداردىكى
سەندەل ياغىچىنى ۋە ياقۇت-گۆھەرلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. 11پادىشاھ
سەندەل ياغىچىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈچۈن ۋە پادىشاھنىڭ
ئوردىسى ئۈچۈن پەلەمپەيلەر ياساپ ھەم نەغمە-ناۋاچىلار ئۈچۈن
چىلتارلار ۋە سازلارنى شۇنىڭدىن ياساتتى. شۇنداق ئېسىل سەندەل
ياغىچى يەھۇدا زېمىنىدا بۇ ۋاقىتقىچە ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى).
12سۇلايمان پادىشاھ شېبانىڭ ئايال پادىشاھىغا ئۇنىڭ ئۆزىگە
قىلغان سوۋغىلىرىدىن ئاشۇرۇپ سوۋغا تۇتتى، ئايال پادىشاھنىڭ
كۆڭلى تارتقان ھەممىنى ــ نېمە سورىسا، شۇنى بەردى؛ ئاندىن ئۇ
خىزمەتكارلىرى بىلەن يولغا چىقىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

---

11:9 **«شۇنداق ئېسىل سەندەل ياغىچى»** ــ ياكى «ئۇنداق سازلار».

# سۇلايماننىڭ بايلىقلىرى

1پاد. 10:14-29

[13] سۇلايمانغا ھەر يىلى كەلتۈرۈلگەن ئالتۇننىڭ ئۆزى ئالتە يۈز ئاتمىش
ئالتە تالانت ئىدى. [14] بۇ كىرىمدىن باشقا، ئوقەتچى-تىجارەتچىلەر،
بارلىق ئەرەبىيە پادىشاھلىرى ۋە ئۆز زېمىنىدىكى ئەمەلدارلارمۇ
ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ سۇلايمانغا تاپشۇراتتى.
[15] سۇلايمان پادىشاھ ئىككى يۈز چوڭ سىپارنى سوقتۇردى ۋە ھەر
سىپارغا ئالتە يۈز شەكەل ئالتۇن كەتتى . [16] شۇنداقلا ئۈچ يۈز قالقاننى
ياپىلاقلانغان ئالتۇندىن ياسىدى؛ ھەربىر قالقاننى ياساشقا ئۈچ
يۈز شەكەل ئالتۇن ئىشلىتىلدى؛ پادىشاھ ئۇلارنى «لىۋان ئورمىنى
سارىيى»غا ئېسىپ قويدى.
[17] پادىشاھ پىل چىشلىرىدىن چوڭ بىر تەخت ياساپ، ئۇنى ساپ
ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى. [18] تەختنىڭ ئالتە قەۋەتلىك پەلەمپىيى بار
ئىدى، ئۇنىڭ بىر ئالتۇن پۇتپەرىسى تەخت بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى؛
ئولتۇرىدىغان ئورۇنىنىڭ ئىككى يېنىدا تايانغۇچىسى بار ئىدى، ھەربىر
تايانغۇچنىڭ يېنىدا بىردىن ئۆرە تۇرغان شىرنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى.
[19] ئالتە قەۋەتلىك پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئۆرە
تۇرغان ئون ئىككى شىرنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، ھەربىر باسقۇچنىڭ
ئوڭ-سول تەرىپىدە بىردىن بار ئىدى؛ باشقا ھېچقانداق ئەلدە ئۇنىڭغا
ئوخشاش ياسالغىنى يوق ئىدى.
[20] سۇلايمان پادىشاھنىڭ بارلىق جام-پىيالىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان؛
«لىۋان ئورمىنى سارايى»دىكى بارلىق قاچا-قۇچىلار تاۋلانغان

---

13:9 **«ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە تالانت»** ــ 666 تالانت، 22 تونىنا.

15:9 **«ئالتە يۈز شەكەل»** ــ 600 شەكەل بەلكىم 7 كىلوگرامغا يېقىن.

16:9 **«ئۈچ يۈز شەكەل»** ــ 300 شەكەل بەلكىم 3.5 كىلوگرامغا يېقىن. **«لىۋان ئورمىنى سارىيى»** ــ سۇلايماننىڭ ئوردىسىنىڭ «لىۋان ئورمىنى سارىيى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدا لىۋاندىن كەلتۈرۈلگەن چىرايلىق كېدىر ياغاچلىرىنى كۆپ ئىشلەتكەنلىكتىن بولغانىدى. ئوردا ئىچىدە «كېدىر ياغىچى تۈۋرۈكىدىن تۆت قاتار» بولغىنى ئۈچۈن «ئورماندەك» كۆرۈنگەن بولسا كېرەك.

ئالتۇندىن ياسالغان؛ سۇلايماننىڭ كۇنلىرىدە كۇمۇش ھېچنېمە ھېسابلىنىاتتى. [21] چۈنكى پادىشاھنىڭ كېمىلىرى ھۇرامنىڭ خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە تارشىشقا بېرىپ تۇراتتى؛ «تارشىش كېمە»لەر ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كېلىپ ئالتۇن-كۇمۇش، پىل چىشلىرى، مايمۇنلار ۋە توزلارنى ئەكېلەتتى.
[22] سۇلايمان پادىشاھ يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلاردىن بايلىقتا ۋە دانالىقتا ئۈستۈن ئىدى. [23] خۇدانىڭ سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە سالغان دانالىقنى ئاڭلاش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش ئارزۇسى بىلەن كېلەتتى؛ [24] كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز سوۋغىتىنى ئېلىپ كېلەتتى؛ يەنى كۇمۇش قاچا-قۇچىلار، ئالتۇن قاچا-قۇچىلار، كىيىم-كېچەكلەر، دۇبۇلغا-ساۋۇتلار، تېتىتقۇلار، ئاتلار ۋە قېچىرلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ھەر يىلى ئۇلار بەلگىلىك مىقداردا شۇنداق قىلاتتى.
[25] ۋە سۇلايماننىڭ جەڭ ھارۋىسىغا قاتىدىغان ئاتلىرى ئۈچۈن تۆت مىڭ ئېغىلى بار ئىدى، شۇنىڭدەك ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىدى؛ ئۇ ئۇلارنى «جەڭ ھارۋىسى شەھەرلىرى»گە ۋە ئۆزى تۇرىدىغان يېرۇسالېمغا ئورۇنلاشتۇردى. [26] سۇلايمان ئەفرات دەرياسىدىن فىلىستىيە زېمىنىغىچە تاكى مىسىرنىڭ چېگرىسىغا قەدەر بولغان بارلىق پادىشاھلىقلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [27] پادىشاھ يېرۇسالېمدا كۇمۇشنى تاشتەك كۆپ، كېدىر دەرەخلىرىنى جەنۇبىي تۈزلەڭلىكتىكى ئۈجمە دەرەخلىرىگە ئوخشاش نۇرغۇن قىلدى.

---

21:9 «**تارشىش** — «تارشىش» دېگەن ئىسىم ئىسپانىيە، شىمالىي ئافرىقا ياكى برىتانىيەنى ياكى ئۈچىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. «**تارشىش كېمە**» — بەلكىم تارشىش دېگەن پورتقا بېرىپ كېلىش سەپىرىگە چىداملىق بولغان كېمىنى كۆرسىتەتتى.
24:9 «**تېتىتقۇلار**» — ياكى «خۇشبۇي بۇيۇملار».
25:9 «**جەڭ ھارۋىسىغا قاتىدىغان ئاتلىرى ئۈچۈن تۆت مىڭ ئېغىل**» — ياكى «ئاتلار ئۈچۈن تۆت مىڭ ئېغىلى، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە...». «**ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى**» — ياكى پەقەت «ئون ئىككى مىڭ ئاتلىرى».
27:9 «**كېدىر دەرەخلىرى**» — ياكى «كېدىر ياغىچى». لېكىن بىزنىڭچە سۇلايمان كېدىر ياغىچىنى

[28] كىشىلەر ئاتلارنى مىسىردىن ۋە ھەرقايسى يۇرتلاردىن سۇلايمانغا
يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى.
[29] سۇلايماننىڭ باشقا ئەمەللىرى باشتىن ئاخىرىغىچە «ناتان
پەيغەمبەرنىڭ بايانلىرى»، «شىلوھلۇق ئاخىياھنىڭ بېشارىتى»،
شۇنداقلا نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئام توغرۇلۇق «ئالدىن كۆرگۈچى
ئىددو كۆرگەن ئالامەت كۆرۈنۈشلەر» دېگەن كىتابلارغا پۈتۈلگەن
ئەمەسمىدى؟
[30] سۇلايمان يېرۇسالېمدا تۇرۇپ پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدىن قىرىق
يىل سەلتەنەت قىلدى. [31] سۇلايمان ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى؛
خالايىق ئۇنى ئاتىسى داۋۇتنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلدى؛ ئۇنىڭ ئوغلى
رەھوبوئام ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىل ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ ـ شىمالىي قەبىلىلەر رەھوبوئامغا قارشى چىقىدۇ

1پاد. 12:1-24

10 [1] رەھوبوئام شەقەمگە باردى؛ چۈنكى پۈتكۈل ئىسرائىل ئۇنى
پادىشاھ تىكلىگىلى شەقەمگە كەلگەنىدى. [2] نىباتنىڭ
ئوغلى يەروبوئام شۇ ئىشنى ئاڭلىغاندا شۇنداق بولدىكى، مىسىردىن
قايتىپ كەلدى (چۈنكى ئۇ سۇلايمان پادىشاھتىن قېچىپ مىسىردا
تۇرۇۋاتاتتى). [3] ئەمدى خالايىق ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كەلدى.
شۇنىڭ بىلەن يەروبوئام ۋە پۈتكۈل ئىسرائىل كېلىپ رەھوبوئامغا: ــ

ئىشلىتىپلا قالماي، شۇ چىرايلىق دەرەخلەردىن يېرۇسالېم ئەتراپىغا كۆپ تىكتۈردى («توپ.» 5:2نى كۆرۈڭ). **«جەنۇبىي تۈزلەڭلىك»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شەفەلاھ» ــ بۇ يەر ئىسمى.

29:9 **«ناتان پەيغەمبەرنىڭ بايانلىرى»، «شىلوھلۇق ئاخىياھنىڭ بېشارىتى» ۋە «ئالدىن كۆرگۈچى ئىددو كۆرگەن ئالامەت كۆرۈنۈشلەر»** ــ مۇشۇ ئۈچ كىتابتىن ھازىر خەۋىرىمىز يوق

29:9 1پاد. 11:41-43

31:9 **«سۇلايمان... ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى»** ــ مۇشۇ ئىبارە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىبارىلەر ئۈستىدە «پادىشاھلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**4 سىلىنىڭ ئاتىلىرى بويىنىمىزغا سالغان بويۇنتۇرۇقنى ئېغىر
قىلدى. سىلى ئەمدى ئاتىلىرىنىڭ بىزگە قويغان قاتتىق تەلەپلىرى
بىلەن ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى يېنىكلىتىپ بەرسىلە، سىلىنىڭ
خىزمەتلىرىدە بولىمىز، دېيىشتى.
5 ئۇ ئۇلارغا: ــ ھازىرچە قايتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاندىن قېشىمغا
يەنە كېلىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق تارىلىپ كەتتى. 6 رەھوبوئام
پادىشاھ ئۆز ئاتىسى سۇلايمان ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ خىزمىتىدە
تۇرغان مويسىپىتلاردىن مەسلىھەت سوراپ: ــ بۇ خەلققە بېرىدىغان
جاۋابىم توغرىسىدا نېمە مەسلىھەت كۆرسىتىسىلەر؟ ــ دېدى.
7 ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ ئەگەر سىلى رازىلىق بىلەن بۈگۈن بۇ خەلقنى خۇش
قىلىپ ئۇلارغا مېھرىبان مۇئامىلە كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ياخشى
سۆزلەر بىلەن جاۋاب قىلسىلا، ئۇلار سىلىنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە
خىزمەتلىرىدە بولىدۇ، دېدى.
8 لېكىن ئۇ مويسىپىتلارنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتىنى قايرىپ
قويۇپ، ئۆزى بىلەن چوڭ بولغان، ئالدىدا خىزمىتىدە بولۇۋاتقان
ياشلاردىن مەسلىھەت سوراپ 9 ئۇلارغا: ــ ماڭا «سىلىنىڭ ئاتىلىرى
بىزگە سالغان بويۇنتۇرۇقنى يېنىكلەتكەيلا» دەپ تىلىگەن بۇ خەلققە
جاۋاب بېرىشىمىز توغرۇلۇق قانداق مەسلىھەت بېرىسىلەر؟ ــ دېدى.
10 ئۇنىڭ بىلەن چوڭ بولغان بۇ ياشلار ئۇنىڭغا: ــ «سىلىنىڭ ئاتىلىرى
بويۇنتۇرۇقىمىزنى ئېغىر قىلدى، ئەمدى سىلى ئۇنى بىزگە يېنىك
قىلغايلا» دەپ ئېيتقان بۇ خەلققە سۆز قىلىپ: ــ «مېنىڭ چىمچىلاق
بارمىقىم ئاتامنىڭ بېلىدىن تومراقتۇر. 11 ئاتام سىلەرگە ئېغىر
بويۇنتۇرۇقنى سالغان، لېكىن مەن بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى تېخىمۇ ئېغىر
قىلىمەن. ئاتام سىلەرگە قامچىلار بىلەن تەنبىھ-تەربىيە بەرگەن بولسا
مەن سىلەرگە «چايانلىق قامچىلار» بىلەن تەنبىھ-تەربىيە بېرىمەن»،
دېگەيلا، ــ دېدى.**

---

11:10 **«چايانلىق قامچىلار»** ــ ياكى بولمىسا «چايانلار» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھازىر مەلۇم ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا پادىشاھنىڭ ئىنتايىن قاتتىق مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

[12] **رەھوبوئام پادىشاھ ئۇلارغا: «ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاندىن قېشىمغا**
**يەنە كېلىڭلار» دېگىنىدەك، يەروبوئام ۋە بارلىق خەلق ئۈچىنچى**
**كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.** [13] **رەھوبوئام پادىشاھ مويسىپىتلارنىڭ**
**مەسلىھەتىنى تاشلاپ كۆپچىلىككە قاتتىقلىق بىلەن جاۋاب بەردى.**
[14] **ئۇ ياشلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇلارغا: ــ ئاتام سىلەرگە ئېغىر**
**بويۇنتۇرۇقنى سالغان، لېكىن مەن ئۇنى تېخىمۇ ئېغىر قىلىمەن.**
**ئاتام سىلەرگە قامچىلار بىلەن تەنبىھ بەرگەن بولسا مەن سىلەرگە**
**«چايانلىق قامچىلار» بىلەن تەنبىھ-تەربىيە بېرىمەن، دېدى.**
[15] **شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خەلقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. بۇ ئىش**
**خۇدا تەرىپىدىن بولغان؛ چۈنكى بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ**
**شىلوھلۇق ئاخىياھنىڭ ۋاستىسىدە نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئامغا**
**ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولدى.**
[16] **پۈتكۈل ئىسرائىل پادىشاھنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق**
**سالمىغىنىنى كۆرگەندە خەلق پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: ــ**
**داۋۇتتىن بىزگە نېمە نېسىۋە بار؟ يەسسەنىڭ ئوغلىدا بىزنىڭ**
**ھېچ مىراسىمىز يوقتۇر! ھەربىرىڭلار ئۆز ئۆي-چېدىرلىرىڭلارغا**
**قايتىڭلار، ئى ئىسرائىل! ئى داۋۇت، سەن ئۆز جەمەتىڭگىلا ئىگە**
**بول ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئۆز ئۆي-چېدىرلىرىغا**
**قايتىپ كېتىشتى.**
[17] **ئەمما يەھۇدا شەھەرلىرىدە ئولتۇرغان ئىسرائىللارغا بولسا،**
**يەروبوئام ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم سۈردى.** [18] **رەھوبوئام پادىشاھ**
**باج-ئالۋان بېگى ئادورامنى ئىسرائىللارغا ئەۋەتتى، لېكىن پۈتكۈل**
**ئىسرائىل ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇ چاغدا رەھوبوئام**
**پادىشاھ ئالدىراپ، ئۆزىنىڭ جەڭ ھارۋىسىغا چىقىپ، يېرۇسالېمغا**

---

16:10 **«ئۆي-چېدىرلىرىغا قايتىپ كېتىشتى»** ــ «ئىبرانىي تىلدا «ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىپ كېتىشتى».

17:10 **«يەھۇدا شەھەرلىرىدە ئولتۇرغان ئىسرائىللار»** ــ بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىدىن بولغان، ئەلۋەتتە. باشقا قەبىلىدىكىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن.

تىكـكـۈەتتى. [19] شۇ تەرىقىدە ئىسرائىل داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن يۈز ئۆرۈپ، بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ كەلدى.

## رەھوبوئامنىڭ ئىشلىرى

11 [1] رەھوبوئام يېرۇسالېمغا كېلىپ، ئىسرائىل بىلەن جەڭ
قىلىپ پادىشاھلىقنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن
يەھۇدا بىلەن بىنيامىن جەمەتىدىن بىر يۈز سەكسەن مىڭ خىللانغان
جەڭگىۋار ئەسكەرنى توپلىدى. [2] لېكىن خۇدانىڭ سۆزى خۇدانىڭ
ئادىمى شېماياغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[3] «يەھۇدانىڭ پادىشاھى، سۇلايماننىڭ ئوغلى رەھوبوئامغا، يەھۇدا
بىلەن بىنيامىندىكى ئىسرائىللارغا سۆز قىلىپ: ــ
[4] «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ھۇجۇمغا چىقماڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار
بىلەن جەڭ قىلماڭلار؛ ھەربىرىڭلار ئۆز ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار؛
چۈنكى بۇ ئىش مەندىندۇر»، دېگىن».
ۋە ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى، يەروبوئامغا ھۇجۇم
قىلىشتىن ياندى.
[5] رەھوبوئام يېرۇسالېمدا تۇراتتى، ۋە يەھۇدادا قورغانلىق شەھەرلەرنى
سالغۇزغاندى. [6] ئۇ بەيت-لەھەم، ئېتام، تەكوئا، [7] بەيت-زۇر، سوكوھ،
ئادۇللام، [8] گات، مارەشاھ، زىف، [9] ئادورايىم، لاقىش، ئازىكاھ، [10] زوراھ،
ئايجالون، ھېبروننى ياساتتى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى قورغانلىق
شەھەرلەر بولۇپ، يەھۇدا ۋە بىنيامىننىڭ زېمىنىدا ئىدى. [11] ئۇ
بارلىق قەلئە-قورغانلارنى مۇستەھكەملىدى ۋە ئۇلاردا سەردارلارنى

---

19:10 **«ئىسرائىل»** ــ بۇ تارىختا مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئادەتتە «شىمالىي پادىشاھلىق»، يەنى «ئون قەبىلە»نى كۆرسىتىدۇ.

3:11 **«يەھۇدا بىلەن بىنيامىندىكى ئىسرائىللار»** ــ بەلكىم يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر، بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەر (ئۆزلىرىنى «ئىسرائىللار» دەپ ھېسابلىغان، ئەلۋەتتە) ھەم يەھۇدا ۋە بىنيامىن يۇرتلىرىدا تۇرۇشلۇق باشقا قەبىلىلەردىن كەلگەن ئىسرائىللارنى كۆرسەتسە كېرەك.

10:11 **«زوراھ»** ــ ياكى «زورېئاھ».

تەيىنلىدى، زاپاس ئاشلىق، ماي ۋە شارابلارنى تەييارلىدى. [12]ئۇ يەنە ھەرقايسى شەھەرلەرنى كۆپلىگەن قالقان ۋە نەيزىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئالامەت مۇستەھكەملىۋەتتى. يەھۇدا بىلەن بىنيامىن ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇراتتى.

[13]پۈتكۈل ئىسرائىلدا تۇرۇۋاتقان كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار قايسى يۇرتتا بولمىسۇن ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇراتتى. [14]چۈنكى يەروبوئام بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى لاۋىيلارنى چەتكە قېقىپ، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كاھىنلىق ئۆتكۈزۈشىنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتلاقلىرى ۋە مال-مۈلكىنى تاشلاپ يەھۇدا زېمىنغا ۋە يېرۇسالېمغا كېلىشكەنىدى [15](چۈنكى يەروبوئام «يۇقىرى جايلار»دىكى خىزمەت ئۈچۈن «تېكە ئىلاھلىرى» ۋە ئۆزى ياسىغان موزاي مەبۇدلىرىنىڭ قۇللۇقىدا بولۇشقا ئۆزى ئۈچۈن كاھىنلارنى تەيىنلىگەنىدى). [16]ۋە بۇ لاۋىيلارغا ئەگىشىپ، ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىدىن كۆڭلىدە ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنى ئىزدەشكە ئىرادە تىكلىگەنلەر ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا كېلىشتى. [17]شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەھۇدا پادىشاھلىقىنىڭ كۈچىنى

---

11:11 **«بارلىق قەلئە-قورغانلار»** ــ بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەرنى، بولمىسا ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدىغان قەلئە-قورغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

11:12 **«ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇراتتى»** ــ ياكى «ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى».

11:15 **«يۇقىرى جايلار»** ــ تەۋراتتىكى «قان.» 12:5-14دە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك يەرلەردە، خۇدا ئىسرائىللارغا: بىرسى ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق قىلسا، پەقەت «ئۆزۈم تاللىغان جاي»دا قۇربانلىق قىلسۇن، دەپ تاپىلايدۇ. ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا خۇدا مۇشۇنداق قۇربانلىق قىلىدىغان بىرنەچچە جاينى بېكىتكەنىدى (بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا جاينى بېكىتكەنىدى). بىراق ئىسرائىللار بەلكىم ئۆز قولايلىقىنى كۆزلەپ (ۋە بەلكىم بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى دوراپ) خۇدانىڭ ئەمرىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ تاغ چوققىلىرى قاتارلىق يۇقىرى جايلاردا خۇداغا ئىبادەت قىلىپ قۇربانلىق قىلغان. بۇنىڭ شۇنداق بىر خەتىرى بار ئىدىكى، ئۇلار ئەتراپىدىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يەردە ھەرخىل بۇتلارغىمۇ چوقۇنۇپ، ھەتتا بۇتپەرەسلەرگە ئەگىشىپ «ئىنسان قۇربانلىق»لارنىمۇ قىلىشى مۇمكىن ۋە دەرۋەقە كۆپ ۋاقىتلاردا شۇنداق قىلدى (مەسىلەن، «ئەز.» 16:21، 20:26نى كۆرۈڭ).

ئاشۇرۇپ، سۇلايماننىڭ ئوغلى رەھوبوئامنى ئۈچ يىل كۈچلەندۈردى؛
چۈنكى يەھۇدادىكىلەر ئۈچ يىل داۋۇتنىڭ ۋە سۇلايماننىڭ يولىدا
ماڭغانىدى.
[18] رەھوبوئام ماھالاتنى ئەمرىگە ئالدى. ماھالات داۋۇتنىڭ ئوغلى
يەرىموتنىڭ قىزى؛ ئۇنىڭ ئانىسى يەسسەنىڭ ئوغلى ئېلىئابنىڭ
قىزى ئابىھايىل ئىدى. [19] ماھالاتتىن رەھوبوئامغا يەئۇش، شېمارىيا
ۋە زاھام دېگەن ئوغۇللار تۆرەلدى. [20] كېيىنكى ۋاقىتلاردا رەھوبوئام
يەنە ئابشالومنىڭ نەۋرە قىزى مائاكاھنى ئەمرىگە ئالدى؛ ئۇ
ئۇنىڭغا ئابىيا، ئاتتاي، زىزا ۋە شېلومىتلارنى تۇغۇپ بەردى.
[21] رەھوبوئام ئابشالومنىڭ نەۋرە قىزى مائاكاھنى ئەمرىگە ئالغان
بارلىق ئاياللىرى ۋە كېنىزەكلىرىدىن بەكرەك سۆيەتتى؛ چۈنكى ئۇ
جەمئىي ئون سەككىز ئايال ۋە ئاتمىش كېنىزەكنى ئەمرىگە ئالغان؛
ئۇ جەمئىي يىگىرمە سەككىز ئوغۇل، ئاتمىش قىز پەرزەنت كۆرگەن.
[22] رەھوبوئام مائاكاھدىن بولغان ئوغلى ئابىيانى قېرىنداشلىرى
ئىچىدە ھەممىدىن چوڭ شاھزادە قىلىپ تىكلىدى، چۈنكى ئۇ ئۇنى
پادىشاھلىققا ۋارىس قىلماقچى ئىدى. [23] رەھوبوئام ئاقىلانىلىك
بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئوغۇللىرىنى يەھۇدانىڭ بارلىق زېمىنلىرى ۋە
بىنيامىننىڭ بارلىق زېمىنلىرىدىكى بارلىق قورغانلىق شەھەرلەرگە
ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ناھايىتى كۆپ زاپاس ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن
تەمىنلىدى؛ ئۇ يەنە ئۇلارغا نۇرغۇن خوتۇن ئېلىپ بەردى.

## رەھوبوئام پەرۋەردىگارغا يۈز ئۆرىيدۇ

### 1پاد. 14:21-31

12 [1] رەھوبوئامنىڭ پادىشاھلىقى مۇستەھكەم بولغاندا، شۇنداقلا
كۈچەيگەندە، شۇنداق بولدىكى، ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ قانۇن-
ئەھكاملىرىنى تەرك قىلدى ۋە پۈتكۈل ئىسرائىللارمۇ ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ كەتتى. [2] ۋە ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارغا ۋاپاسىزلىق قىلغىنى

تۇپەيلىدىن، رەھوبوئام سەلتەنىتىنىڭ بەشىنچى يىلىدا شۇنداق
بولدىكى، مىسىرنىڭ پادىشاھى شىشاك يېرۇسالېمغا ھۇجۇم
قوزغىدى. [3] شىشاك بىر مىڭ ئىككى يۈز جەڭ ھارۋىسى، ئاتمىش مىڭ
ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى؛ ئۇ ئۆزى بىللە مىسىردىن
ئېلىپ چىققان لەشكەرلەر، جۇملىدىن لىۋىيەلىكلەر، سۇككىيلەر
ۋە ئېفىئوپىيىلەر سان-ساناقسىز ئىدى. [4] ئۇ يەھۇداغا تەۋە بولغان
قورغانلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى، ئاندىن يېرۇسالېمغا ھۇجۇم
قىلىشقا كەلدى. [5] بۇ چاغدا شىشاك سەۋەبىدىن يەھۇدا ئەمەلدارلىرى
يېرۇسالېمغا يىغىلىشقانىدى؛ شېمايا پەيغەمبەر رەھوبوئام ۋە
ئەمەلدارلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارغا: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ «سىلەر مېنىڭدىن ۋاز كەچكىنىڭلار ئۈچۈن، مەنمۇ سىلەردىن ۋاز
كېچىپ شىشاكنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم» دەيدۇ، دېدى.
[6] شۇنى ئاڭلاپ، ئىسرائىل ئەمەلدارلىرى بىلەن پادىشاھ ئۆزلىرىنى
تۆۋەن قىلىپ: ــ پەرۋەردىگار ئادىلدۇر، دېيىشتى.
[7] پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۆۋەن قىلغانلىقىنى كۆرۈپ
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى شېماياغا يېتىپ كېلىپ مۇنداق دېگەندە:
ــ«ئۇلار ئۆزلىرىنى تۆۋەن قىلغانىكەن، مەن ئۇلارنى ھالاك قىلماي،
بەلكى ئۇلارغا ئازغىنە نىجات كۆرسىتىمەن ۋە مېنىڭ قايناپ
تۇرغان غەزىپىم شىشاكنىڭ قولى بىلەن يېرۇسالېمغا تۆكۈلمەيدۇ.
[8] ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ماڭا بېقىنىش بىلەن دۇنيادىكى پادىشاھلىقلارغا
بېقىنىشنىڭ قانداق پەرقى بارلىقىنى بىلىپ يېتىشى ئۈچۈن، ئۇلار
شىشاكقا بېقىندى بولىدۇ».
[9] شۇنىڭ بىلەن مىسىر پادىشاھى شىشاك يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى خەزىنە-بايلىقلار بىلەن پادىشاھنىڭ
ئوردىسىدىكى خەزىنە-بايلىقلارنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ ھەممىسىنى،
جۇملىدىن سۇلايمان ياساتقان ئالتۇن سىپار-قالقانلارنى قويماي

---

**7:12 «...ئۇلارغا ئازغىنە نىجات كۆرسىتىمەن»** ــ ياكى «...ئۇلارنى بىرئازدىن كېيىن قۇتقۇزىمەن» ياكى «...ئۇلارنى ۋاقتىنچە قۇتقۇزىمەن».

ئېلىپ كەتتى. 10 ئۇلارنىڭ ئورنىدا رەھوبوئام پادىشاھ مىستىن
بىرمۇنچە سىپار-قالقانلار ياسىتىپ، ئۇلارنى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ
كىرىش يولىنى ساقلايدىغان پاسىبان بەگلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردى.
11 پادىشاھ ھەر قېتىم پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان چاغدا،
پاسىبانلار ئۇ قالقانلارنى ئېلىپ تۇتۇپ تۇراتتى، ئاندىن ئۇلارنى يەنە
پاسىبانخانىغا ئەكېلىپ قويۇشاتتى.
12 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۆزىنى تۆۋەن قىلغاندىن كېيىن،
پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئۇنىڭدىن يېنىپ، ئۇنى تامامەن
يوقىتىۋەتمىدى؛ يەھۇدادىكىلەر ئىچىدىمۇ ئاز-تولا ياخشى ئىشلار
تېپىلدى.
13 پادىشاھ رەھوبوئام يېرۇسالېمدا ئاستا-ئاستا قۇدرەت تېپىپ، ئۆز
سەلتەنىتىنى سۈرەتتى. رەھوبوئام تەختكە چىققان چېغىدا قىرىق بىر
ياشتا ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا، يەنى پەرۋەردىگار ئۆز نامىنى تىكلەش
ئۈچۈن پۈتكۈل ئىسرائىل قەبىلىلىرى ئىچىدىن تاللىغان شەھەردە
ئون يەتتە يىل سەلتەنەت قىلدى. رەھوبوئامنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى
نائاماھ بولۇپ، ئۇ ئاممونىي ئىدى. 14 رەھوبوئام كۆڭلىدە پەرۋەردىگارنى
ئىزدەشنى نىيەت قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن رەزىللىك قىلدى.
15 رەھوبوئامنىڭ بارلىق قىلغان ئىشلىرى باشتىن-ئاخىرىغىچە
نەسەب خاتىرىلىرىدىكى «شېمايا پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى» ۋە
«ئالدىن كۆرگۈچى ئىددونىڭ سۆزلىرى»دە پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
رەھوبوئام بىلەن يەروبوئام ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلار توختىماي بولۇپ
تۇراتتى. 16 رەھوبوئام ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى، «داۋۇتنىڭ
شەھىرى»گە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئابىيا ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ
بولدى.

---

12:12 **«يەھۇدادىكىلەر ئىچىدىمۇ ئاز-تولا ياخشى ئىشلار تېپىلدى»** — ياكى «يەھۇدادىكىلەر ئازراق ياخشىلىقنى كۆردى».

## ئابىيا يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

1پاد. 15:1-8

13 [1] پادىشاھ يەروبوئامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى
يىلى ئابىيا يەھۇدانىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ
يېرۇسالېمدا ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى؛ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى
مىكايا بولۇپ، ئۇ گىبېئاھلىق ئۇرىيەلنىڭ قىزى ئىدى. ئابىيا بىلەن
يەروبوئام ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى. [3] ئابىيا جەڭ قىلىش ئۈچۈن
خىللانغان جەڭچىلەردىن تۆت يۈز مىڭنى باشلاپ چىقتى؛ يەروبوئاممۇ
خىللانغان باتۇر جەڭچىلەردىن سەككىز يۈز مىڭنى باشلاپ چىقىپ،
ئابىياغا قارشى سەپ تۈزۈپ تۇردى.
[4] ئابىيا ئەفرائىم تاغلىق رايونىدىكى زەمارايىم تېغىغا چىقىپ مۇنداق
دېدى: ــ «ئى يەروبوئام ۋە ئىسرائىل خەلقى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار!
[5] بىلمەمسىلەر، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار «تۇزلۇق ئەھدە»
قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدىكى پادىشاھلىقنى داۋۇتقا ۋە
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەڭگۈگە تەقدىم قىلغانغۇ؟ [6] لېكىن داۋۇتنىڭ
ئوغلى سۇلايماننىڭ قۇلى، نىباتنىڭ ئوغلى يەروبوئام قوزغىلىپ
ئۆز غوجىسىدىن يۈز ئۆرىدى. [7] شۇنىڭ بىلەن بەزى مۇتتەھەملەر،
«بېلىيالنىڭ باللىرى» ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلىپ، سۇلايماننىڭ
ئوغلى رەھوبوئام بىلەن قارشىلىشىشقا ئۆزلىرىنى كۈچلەندۈردى؛
رەھوبوئام ئۇ چاغدا تېخى ياش، سەبىي بالىدەك بولغاچقا، ئۇلارغا
تەڭ كېلەلمىدى. [8] ئەمدى سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتنىڭ
ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرغان پادىشاھلىقىغا قارشى چىقىپ
«ئۆزىمىزنى كۆرسىتىمىز» دېيىسىلەر؛ سىلەرنىڭ ئادىمىڭلار دەرۋەقە
كۆپتۇر؛ سىلەردە يەنە يەروبوئام سىلەرگە ياساپ بەرگەن، ئىلاھلار دەپ

5:13 **«تۇزلۇق ئەھدە»** ــ دېمەك، تۇز بىلەن ئىپادىلەنگەن. «لاۋ.» 13:2 ۋە «چۆل.» 19:18نى كۆرۈڭ. تەۋرات ۋە ئىنجىلدا (ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولغاندەك) تۇز بولسا «مەڭگۈلۈك»نىڭ، «چىرىماسلىق»نىڭ ۋە «تەم»نىڭ سىمۋولىدۇر.

7:13 **«بېلىيال»** ــ شەيتاننىڭ باشقا بىر ئىسمىدۇر. «بېلىيالنىڭ باللىرى» ئىبلاس ئادەملەرنى بىلدۈرىدۇ.

قارىلىدىغان ئالتۇن موزايلار بار. 9 سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرى
بولغان ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن لاۋىيلارنى قوغلىۋېتىپ، يەر
يۈزىدىكى باشقا ئەللەر قىلغىنىدەك ئۆزلىرىڭلارغا خالىغانچە كاھىن
تىكلىۋالغان ئەمەسمىدىڭلار؟ كىمدەكىم بىر تورپاق ۋە يەتتە قوزىنى
ئېلىپ كېلىپ ئۆزۈمنى كاھىنلىققا بېغىشلايمەن دېسە، ئۇ خۇدا
بولمىغان بۇتلارغا كاھىن بولالايدۇ! 10 لېكىن بىز بولساق، پەرۋەردىگار
بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر، بىز ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىدۇق؛ پەرۋەردىگارنىڭ
خىزمىتىدە بولغان كاھىنلار بولسا ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىدۇر،
لاۋىيلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە تۇرماقتا. 11 ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىسى-
ئاخشىمى پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى سۇنۇپ، ئېسىل
خۇشبۇي ياقىدۇ. پاكىز شىرەگە «تەقدىم نانلار»مۇ تىزىپ قويۇلىدۇ،
ھەر كۈنى كەچتە ئۇلار ئالتۇن چىراغدان ئۈستىدىكى چىراغلارنى
ياندۇرۇلىدۇ؛ چۈنكى بىز خۇدايىمىز پەرۋەردىگارنىڭ تاپشۇرۇقىغا
ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بىراق سىلەر بولساڭلار ئۇنىڭدىن ۋاز
كەچتىڭلار. 12 قاراڭلار، خۇدا بىزنى باشلىغۇچى بولۇپ بىز بىلەن
بىللىدۇر؛ قوللىرىغا كاناي ئالغان، سىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا
سىگنال چېلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئۇنىڭ كاھىنلىرىمۇ بىز بىلەن
بىللىدۇر. ئى ئىسرائىل بالىلىرى، ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ خۇداسى بولغان
پەرۋەردىگار بىلەن جەڭ قىلماڭلار؛ چۈنكى سىلەر ھەرگىز غەلىبە
قازىنالمايسىلەر».

13 لېكىن يەروبوئام ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلماق ئۈچۈن
بۆكتۈرمە قويغانىدى. شۇنداقكى، ئىسرائىللار يەھۇدالارنىڭ ئالدى
تەرىپىدە ئىدى ۋە بۆكتۈرمە قوشۇن ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە ساقلاپ
تۇراتتى. 14 يەھۇدالار بۇرۇلۇپ قارىسا، مانا ئۆزلىرى ئالدى-ئارقىدىن
ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتاتتى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارغا پەرياد كۆتۈردى، كاھىنلارمۇ
كانايلارنى چالدى. 15 بۇنىڭ بىلەن يەھۇدالار قاتتىق چۇقان كۆتۈرۈشتى؛

---

10:13 **«لاۋىيلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە تۇرماقتا»** — ياكى «لاۋىيلار ئۇنىڭ خىزمىتىدە تۇرماقتا» — يەنى خۇدانىڭ خىزمىتىدە.

ۋە شۇنداق بولدىكى، يەھۇدالار قاتتىق چۇقان كۆتۈرۈشۈۋاتقاندا، خۇدا
يەروبوئام بىلەن بارلىق ئىسرائىللارنى ئابىيا بىلەن يەھۇدالارنىڭ
ئالدىدىن ئۇرۇپ تىرە-پەرەڭ قىلدى. 16 ئىسرائىللار يەھۇدالارنىڭ
ئالدىدىن قاچتى؛ خۇدا ئۇلارنى يەھۇدالارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. 17 ئابىيا
بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىسرائىللارنى قاتتىق قىرغىن قىلدى؛
ئىسرائىللاردىن خىللانغان بەش يۈز مىڭ ئەسكەر قەتل قىلىندى. 18 بۇ
چاغدا ئىسرائىللار تۆۋەن قىلىندى؛ يەھۇدادىكىلەر ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
خۇداسى پەرۋەردىگارغا تايانغانلىقى ئۈچۈن غەلىبە قازاندى. 19 ئابىيا
يەروبوئامنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى؛ ئۇ ئۇنىڭ ئىلكىدىن
بىرقانچە شەھىرىنى، يەنى بەيت-ئەل ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا-
بازارلارنى، يېشاناھ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا-بازارلارنى، ئەفرون ۋە
ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا-بازارلارنى تارتىۋالدى. 20 يەروبوئام ئابىيانىڭ
كۈنلىرىدە قايتىدىن كۈچلىنەلمىدى. پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنى ئۇرۇشى
بىلەن ئۇ ئۆلدى.
21 ئابىيا بولسا ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزدى؛ ئۇ ئون تۆت خوتۇن ئېلىپ،
يىگىرمە ئىككى ئوغۇل، ئون ئالتە قىز پەرزەنت كۆردى. 22 ئابىيانىڭ
باشقا ئىشلىرى، ئۇنىڭ ماڭغان يوللىرى ۋە ئېيتقان سۆزلىرى «ئىددو
پەيغەمبەرنىڭ تەھلىلى»دە پۈتۈلگەندۇر.

## ئاسا يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ ـ ئۇنىڭ ئېتىقادى

1پاد. 15:9-12

14 1 ئابىيا ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى، كىشىلەر ئۇنى
«داۋۇت شەھىرى»گە دەپنە قىلدى. ئوغلى ئاسا ئۇنىڭ
ئورنىغا پادىشاھ بولدى. ئاسا پادىشاھ بولغان كۈنلەردە ئون يىل
تىنچ ئۆتتى. 2 ئاسا خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس ۋە توغرا
بولغاننى قىلدى. 3 ئۇ يات ئەللەردىن كەلگەن بۇت قۇربانگاھلىرىنى

18:13 **«تۆۋەن قىلىندى»** ــ ياكى «مەغلۇپ قىلىندى».

ۋە «يۇقىرى جايلار»نى يوقىتىپ، «بۇت تۈۋرۈك»لەرنى ئۆرۈپ چېقىپ، ئاشەراھ بۇتلىرىنى كېسىپ تاشلىدى، [4] يەھۇدالارغا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنى ئىزدەشنى، مۇقەددەس قانۇن-ئەمرلەرنى تۇتۇشنى ئەمر قىلدى. [5] ئۇ يەنە يەھۇدا زېمىنىدىكى ھەربىر شەھەرلەردىن «يۇقىرى جايلار»نى ۋە «كۈن تۈۋرۈكلىرى»نى يوقاتتى. ئۇ چاغدا پۈتۈن پادىشاھلىق ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تىنچ-ئاسايىشلىقتا ئۆتتى. [6] ئۇ يەنە يەھۇدا زېمىنىدا بىرنەچچە قورغانلىق شەھەرلەرنى سالدۇردى، چۈنكى يۇرت-زېمىن ئاراملىقتا بولدى؛ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرگەچكە، شۇ يىللاردا ھېچ ئۇرۇش بولمىدى. [7] ئۇ يەھۇدالارغا: — زېمىن ئالدىمىزدا تىنچ تۇرغاندا، بۇ شەھەرلەرنى سېپىل بىلەن قورشالغان، مۇنارلىق، بالداقلىق قوۋۇقلىرى بولغان شەھەرلەر قىلىپ قۇرايلى؛ چۈنكى بىز خۇدايىمىز پەرۋەردىگارنى ئىزدىگىنىمىز ئۈچۈن ئۇ تىنچلىك بەردى؛ بىز ئۇنى ئىزدەپ كەلدۇق ۋە ئۇ بىزنىڭ تۆت ئەتراپىمىزدا بىزگە ئاراملىق بەردى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرۇلۇشنى باشلىدى ۋە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولدى. [8] ئاسانىڭ قوشۇنى بار ئىدى؛ يەھۇدا قەبىلىسىدىن قالقان ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغان ئۈچ يۈز مىڭ ئەسكىرى، بىنيامىن قەبىلىسىدىن سىپار ۋە ئوقيا بىلەن قوراللانغان ئىككى يۈز سەكسەن مىڭ كىشىلىك؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى باتۇر ئەزىمەتلەر ئىدى.

[9] ئۇ چاغدا زەراھ ئىسىملىك بىر ئېفئوپىيى مىليون كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ئۈچ يۈز جەڭ ھارۋىسىنى باشلاپ، ئاساغا ھۇجۇم قوزغاپ مارەشاھقا كەلدى. [10] ئاسا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشقا ئاتلاندى؛ ئۇلار مارەشاھقا يېقىن زەفاتاھ جىلغىسىغا كېلىپ، بىر-بىرىگە قارشى

3:14 **«ئۇ يات ئەللەردىن كەلگەن بۇت قۇربانگاھلىرىنى ۋە «يۇقىرى جايلار»نى يوقىتىپ...»** — 15:11 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. **««ئاشەراھ» بۇتلار»** — بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم «ئايال مەبۇد» شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

5:14 **«كۈن تۈۋرۈكلىرى»** — ياكى «ئىسرىقگاھلار» ياكى «قۇياش مەبۇدلىرى».

9:14 **«ئېفئوپىيى»** — ياكى «ھەبەش» (بىر مىللەتنىڭ نامى). ئىبرانىي تىلدا «كۇشىي».

سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتى. [11] ئاسا خۇداسى پەرۋەردىگارغا نىدا قىلىپ: ــ ئى پەرۋەردىگار، ئۆز بەندەڭگە ياردەم بەرسەڭ، ئۇ كۈچلۈك بولسۇن، ئاجىز بولسۇن سەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، بىزگە ياردەم قىلغايسەن؛ چۈنكى بىز ساڭا تايىنىمىز ۋە سېنىڭ نامىڭدا بۇ زور قوشۇنغا قارشى ئاتلىنىپ چىقتۇق. ئى پەرۋەردىگار، سەن بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇرسەن، ئىنسانلار سېنىڭدىن غالىپ كەلمىسۇن! ــ دېدى.

[12] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئاسا ۋە يەھۇدالار ئالدىدا ئېفىئوپىيىلەرنى ئۇرۇپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى، ئېفىئوپىيىلەر قاچتى. [13] ئاسا ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى تاكى گەرارغىچە قوغلىدى؛ ئېفىئوپىيىلەر شۇنداق يىقىتىلدىكى، ئۇلاردىن بىر ئادەممۇ تىرىك قالمىدى؛ چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئالدىدا كۇكۇم-تالقان قىلىندى. يەھۇدالار غايەت زور جەڭ غەنىمەتلىرىنى قولغا ئېلىپ كەتتى. [14] ئۇلار يەنە گەرار ئەتراپىدىكى بارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى؛ چۈنكى پەرۋەردىگاردىن زور بىر قورقۇنچ مۇشۇ شەھەرلەردىكىلەرنى باسقانىدى. يەھۇدالار يەنە ھەممە شەھەرنى بىرنىمۇ قويماي بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، چۈنكى ئۇلاردا تولىمۇ كۆپ مال-مۈلۈك بار ئىدى. [15] ئۇلار يەنە مال باققان چارۋىچىلارنىڭ چېدىر-قوتانلىرىغىمۇ زەرب قىلىپ، ناھايىتى كۆپ قوي ۋە تۆگىلەرنى ئېلىپ يېرۇسالېمغا قايتتى.

## ئازارىيا پەيغەمبەر ئاساغا ئاگاھ ۋە رىغبەت بېرىدۇ؛ ئاسا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ

15 [1] خۇدانىڭ روھى ئودەدنىڭ ئوغلى ئازارىيانىڭ ئۈستىگە چۈشتى. [2] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاسا بىلەن كۆرۈشۈشكە چىقىپ

---

11:14 **«ئۆز بەندەڭگە ياردەم بەرسەڭ، ئۇ كۈچلۈك بولسۇن، ئاجىز بولسۇن سەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس»** ــ ياكى «كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە سېنىڭدىن بۆلەك ياردەمچى يوقتۇر».

ئۇنىڭغا: ــ ئى ئاسا، پۈتكۈل يەھۇدالار ۋە بىنيامىنلار، ماڭا قۇلاق
سېلىڭلار! سىلەر پەرۋەردىگار بىلەن بىللە بولغىنىڭلاردا، ئۇمۇ سىلەر
بىلەن بىللە بولىدۇ. سىلەر ئۇنى ئىزلىسەڭلار ئۇ سىلەرگە تاپقۇزۇلىدۇ؛
لېكىن سىلەر ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسەڭلار ئۇ سىلەردىن ۋاز كېچىدۇ.
[3] ئىسرائىللار ئۇزۇن كۈنلەرگىچە ھەقىقىي خۇدا، تەلىم بېرىدىغان كاھىن
ۋە قانۇن-ئەھكاملاردىن جۇدا بولۇپ يۈردى؛ [4] لېكىن ئۇلار قىيىنچىلىقتا
قالغان ۋاقىتلاردا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا قايتىپ، ئۇنى
ئىزدىدى ۋە ئۇ ئۇلارغا ئۆزىنى تاپقۇزدى. [5] ئۇ ۋاقىتلاردا چىقىپ-كىرىپ
تۇرغانلارغا ھېچ ئاراملىق بولمىغان، چۈنكى ھەرقايسى ئەل-يۇرتلار
مالىمانچىلىق ئىچىدە تۇراتتى. [6] خۇدا ئۇلارنى ھەرخىل قىيىنچىلىق-
مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدۇرغاچقا، مەملىكەت بىلەن مەملىكەت،
شەھەر بىلەن شەھەر ئۆزئارا سوقۇشۇپ ۋەيران بولدى. [7] لېكىن سىلەر
بولساڭلار، قەيسەر بولۇڭلار، مەزمۇت تۇرۇپ قوللىرىڭلارنى بوشاتماڭلار،
چۈنكى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەجىر-ئىنئامى باردۇر، دېدى.
[8] ئاسا بۇ گەپلەرنى ۋە ئودەد پەيغەمبەر بەرگەن بېشارەتنى ئاڭلىغاندا
ئۇ دادىللىشىپ، پۈتۈن يەھۇدا ۋە بىنيامىن زېمىنلىرىدا، شۇنداقلا
ئەفرائىمنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا قولغا چۈشۈرگەن ھەرقايسى
شەھەرلەردىكى يىرگىنچلىك بۇتلارنى يوقاتتى ۋە يەنە پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىدىكى ئايۋان ئالدىدا تۇرغان پەرۋەردىگار قۇربانگاھىنى
يېڭىباشتىن ياساتتى. [9] ئۇ بارلىق يەھۇدالار ۋە بىنيامىنلارنى،
شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقان بارلىق ئەفرائىمىي،
ماناسسەھىي، شىمېئونىي مۇساپىرلىرىنى يىغدى (چۈنكى نۇرغۇن
ئىسرائىللار ئاسانىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولۇپ، ئىسرائىلدىن چىقىپ ئاسا تەرەپكە

---

8:15 **«ئاسا بۇ گەپلەرنى ۋە ئودەد پەيغەمبەر بەرگەن بېشارەتنى ئاڭلىغاندا...»** ــ ئىككى ئىمكانىيەت بار: (1) ئازارىيا ئاتىسى ئودەدنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلاتتى؛ (2) ئۇنىڭ ئاتىسمۇ ئاساغا بېشارەت بەرگەندى. بىز ئىككىنچى پىكىرگە مايىلمىز؛ چۈنكى تېكىستتە «بۇ گەپلەرنى ۋە... بېشارەتنى ئاڭلىدى» دېيىلىدۇ. **«يىرگىنچلىك بۇتلار»** ــ ئىبرانىي تىلدا «يىرگىنچلىك نەرسلەرنى».

ئۆتكەنىدى). [10] ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون بەشىنچى يىلى ئۈچىنچى ئايدا ئۇلار يېرۇسالېمغا يىغىلدى. [11] شۇ كۈنى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن جەڭ غەنىمەتلىرىدىن يەتتە يۈز بۇقا ۋە يەتتە مىڭ قوينى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلدى. [12] ئۇلار يەنە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنى پۈتۈن قەلبى ۋە بۈتۈن جېنى بىلەن ئىزدەشكە بىر ئەھدە تۈزۈشتى؛ [13] ئەھدىدە، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنى ئىزدىمىگەن قېرى-ياش، ئەر-ئايال دېمەي ھەممىسى ئۆلتۈرۈلسۇن، دېيىلدى. [14] ئۇلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراش ۋە كاناي ھەم بۇرغا چېلىش بىلەن پەرۋەردىگارغا قەسەم بېرىشتى. [15] پۈتكۈل يەھۇدا جامائىتى ئىچكەن قەسىمىدىن شادلاندى؛ چۈنكى ئۇلار پۈتۈن قەلبى بىلەن قەسەم ئىچكەن بولۇپ، پەرۋەردىگارنى تولىمۇ تەلمۈرۈپ ئىزدىدى؛ ۋە ئۇ ئۇلارغا ئۆزىنى تاپقۇزدى. پەرۋەردىگار ئۇلارغا تۆت ئەتراپىدا ئاراملىق ئاتا قىلدى. [16] ئاسا پادىشاھ يەنە چوڭ ئانىسى مائاقاھنى يىرگىنچلىك بىر «ئاشېراھ» تۈۋرۈكىنى ياسىغىنى ئۈچۈن خانىشلىق مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئاسا بۇ يىرگىنچلىك بۇتنى كېسىپ، ئاياغ ئاستىدا چەيلىدى ۋە كىدرون جىلغىسىدا كۆيدۈرۈۋەتتى.

[17] «يۇقىرى جايلار» يوقىتىلمىسىمۇ، ئاسانىڭ قەلبى پەرۋەردىگارغا پۈتۈنلەي بېغىشلانغانىدى. [18-19] ھەم ئاتىسى ھەم ئۇ ئۆزى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ياسىغان نەرسىلەرنى، جۇملىدىن كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى ۋە تۈرلۈك قاچا-قۇچىلارنى خۇدانىڭ ئۆيىگە كەلتۈردى.

---

11:15 **«شۇ كۈنى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن جەڭ غەنىمەتلىرى...»** — 14:14-15نى كۆرۈڭ.

13:15 **«قېرى-ياش»** — ياكى «چوڭ-كىچىك».

15:15 **«تولىمۇ تەلمۈرۈپ ئىزدىدى»** — ئىبرانىي تىلدا «بارلىق ئىنتىزارلىقى بىلەن ئىزدىدى»

16:15 **«چوڭ ئانىسى»** — مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلدا «ئانىسى» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«خانىش مەرتىۋىسى»** — بۇ سۆزگە قارىغاندا ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى مائاقاھ پادىشاھلىقتا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

**16:15** 1پاد. 13:15

**17:15** 1پاد. 14:15

**18:15-19** 1پاد. 15:15

## ئاسانىڭ ئىشەنچ قىلمايدىغان يەرلىرى

1پاد. 15:16-24

16 [1] شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز
بەشىنچى يىلىغىچە ئۇرۇش بولۇپ باقمىدى. ئاسانىڭ
سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى يىلى، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
بائاشا يەھۇداغا قارشى ھۇجۇم قىلدى؛ ھېچكىم يەھۇدانىڭ
پادىشاھى ئاسا بىلەن باردى-كەلدى قىلمىسۇن دەپ، راماھ شەھىرىنى
مەھكەم قىلىپ ياسىدى. [2] ئۇ ۋاقىتتا ئاسا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى
خەزىنىلەردىن ۋە پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى خەزىنىلەردىن ئالتۇن-
كۈمۈشنى ئېلىپ ئۇلارنى دەمەشقتە تۇرۇشلۇق سۇرىيە پادىشاھى بەن-
ھادادقا ئەۋەتىپ ۋە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ: — [3] «مېنىڭ ئاتام بىلەن
سىلىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئارىسىدا بولغاندەك مەن بىلەن سىلىنىڭ
ئارىلىرىدا بىر ئەھدە بولسۇن. مانا، سىلىگە كۈمۈش بىلەن ئالتۇن
ئەۋەتتىم؛ ئەمدى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بائاشا بىلەن بولغان
ئەھدىلىرىدىن قوللىرىنى ئۈزسىلە؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى قامال
قىلىشتىن قول ئۈزسۇن» — دېدى.
[4] بەن-ھاداد ئاسا پادىشاھنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۆز قوشۇنىنىڭ
سەردارلىرىنى ئىسرائىلنىڭ شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ،
ئىجون، دان، ئابەل-مايىم، نافتالىدىكى بارلىق ئامبار شەھەرلىرىنى
بىقىندۇردى. [5] بائاشا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، راماھ ئىستىھكامىنى
ياساشتىن قولىنى يىغىپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىنى توختاتتى.
[6] ئاسا پادىشاھ بولسا پۈتكۈل يەھۇدانىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ، بائاشا
راماھ شەھىرىنى ياساشقا ئىشلەتكەن تاشلار بىلەن ياغاچلارنى
راماھتىن توشۇپ ئېلىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇلارنى ئىشلىتىپ گېبانى ۋە
مىزپاھنى مەھكەم قىلىپ ياسىدى.
[7] ئۇ چاغدا، ئالدىن كۆرگۈچى ھانانى يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ يېنىغا
كېلىپ ئۇنىڭغا: — ئۆزۈڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئەمەس، بەلكى

1:16 **«16-باب»** — بىز 15:19نى 16-باب ئىچىگە كىرگۈزدۇق.

سۇرىيە پادىشاھىغا تايانغانلىقىڭ ئۈچۈن سۇرىيە پادىشاھىنىڭ قوشۇنى ئۆز قولۇڭدىن قۇتۇلدى.[8] ئېفىئوپىيىلەر بىلەن لىۋىيەلىكلەر چوڭ بىر قوشۇن ئەمەسمىدى؟ جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىنتايىن كۆپ ئەمەسمىدى؟ لېكىن سەن پەقەت پەرۋەردىگارغا تايانغاندا، ئۇ ئۇلارنى قولۇڭغا تاپشۇرغانىدى.[9] چۈنكى پەرۋەردىگار كۆڭلى ماڭا تامامەن سادىق بولغانلارغا ياردەمدە بولۇپ، ئۆزىنى قۇدرەتلىك كۆرسىتەي دەپ، كۆزلىرىنى پۈتۈن يەر يۈزىدە ئۇيان-بۇيان يۈگۈرتىدۇ. سەن بۇ ئىشتا بەك ئەخمەقلىق قىلدىڭ. ئەمدى بۈنىڭدىن كېيىن ئۇرۇشلاردىن خالاس بولالمايسەن، دېدى.[10] بۇنى ئاڭلاپلا ئاسا ئالدىن كۆرگۈچىگە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۇنى زىندانغا سولاپ قويدى؛ ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قەھرى قايناپ كەتتى. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا خەلقتىن بەزىلىرىگە زۇلۇم سېلىشقا باشلىغانىدى.

[11] مانا، ئاسانىڭ قىلغان ئىشلىرى باشتىن ئاخىرىغىچە «يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخنامىسى»دا پۈتۈلگەندۇر. [12] ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلىدا پۇتىدا بىر كېسەل پەيدا بولدى؛ ۋە كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى؛ لېكىن ئۇ ئاغرىغاندىمۇ پەرۋەردىگارنى ئىزدىمىدى، بەلكى پەقەت تېۋىپلاردىنلا ياردەم ئىزدىدى. [13] ئاسا سەلتەنىتىنىڭ قىرىق بىرىنچى يىلىدا ئۆلدى، ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى. [14] خەلقلەر ئۇنى «داۋۇت شەھىرى»دە ئۆزىگە ئاتاپ تەييارلىتىپ كولىغان قەبرىگە دەپنە قىلدى. ئۇلار ئۇنى ئەتتارلارنىڭ ئۇسۇلى بىلەن تەڭشەلگەن ھەرتۈرلۈك دورا-دەرماندىن بولغان بىر ئارىلاشما پۇركەلگەن جىنازىغا ياتقۇزدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن خۇشبۇي ياندۇردى.

---

11:16 **«يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخنامىسى»** ــ مۇمكىنچىلىكى باركى، بۇ كىتاب تەۋراتتىكى «پادىشاھلار»دۇر.

14:16 **«ئۇنىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن خۇشبۇي ياندۇردى»** ــ ياكى «ئۇنىڭ ھۆرمىتىدە چوڭ بىر گۈلخان ياندۇردى».

## يەھوشافات يەھۇداغا سەلتەنەت قىلىدۇ

17 [1] ئوغلى يەھوشافات ئاسانىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى؛ ئۇ
ئىسرائىل پادىشاھلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى
كۈچەيتتى. [2] ئۇ ھەربىي كۈچلىرىنى يەھۇدانىڭ ھەممە قورغانلىق
شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە يەھۇدا زېمىنىغا ۋە ئاتىسى ئاسا
ئىشغال قىلغان ئەفرائىمدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە مۇداپىئە
كۈچلىرىنى تۇرغۇزدى. [3] پەرۋەردىگار يەھوشافات بىلەن بىللە بولدى،
چۈنكى ئۇ ئاتىسى داۋۇتنىڭ باشتا يۈرگۈزگەن يوللىرىدا مېڭىپ بائال
بۇتلىرىنى ئىزدىمىدى، [4] بەلكى ئاتىسىنىڭ خۇداسىنىلا ئىزدەپ، ئۇنىڭ
ئەمرلىرىدە مېڭىپ، ئىسرائىللارنىڭ قىلمىشلىرىنى دورىمىدى.
[5] شۇڭا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ پادىشاھلىقىتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى
مۇستەھكەملىدى؛ پۈتكۈل يەھۇدادىكىلەر ئۇنىڭغا سالام-
سوۋغىلارنى سۇنۇپ تۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مال-مۈلكى ناھايىتى
كۆپ، شان-شۆھرىتى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. [6] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ
يوللىرىدا ماڭغاچقا، غەيرەتلىك بولدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەھۇدا
زېمىنىدىن «يۇقىرى جايلار»نى ۋە ئاشەراھ بۇتلىرىنى يوقاتتى.
[7] ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن
بەن-ھايىل، ئوبادىيا، زەكەرىيا، نەتانەل، مىكايالارنى يەھۇدانىڭ
شەھەرلىرىدە خەلققە تەلىم بېرىشكە ئەۋەتتى. [8] ئۇلار بىلەن بىللە
بارغانلاردىن يەنە شېمايا، نەتانىيا، زەبادىيا، ئاساھەل، شەمىراموت،
يوناتان، ئادونىيا، توبىيا، توب-ئادونىيا قاتارلىق بىرقانچە لاۋىيلار،
شۇنداقلا يەنە ئەلىشاما بىلەن يەھورام دېگەن ئىككى كاھىنمۇ بار
ئىدى. [9] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات قانۇنى كىتابىنى ئالغاچ بېرىپ،
يەھۇدا زېمىنىدىكى بارلىق شەھەرلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ خەلق ئارىسىدا
تەلىم بېرەتتى.
[10] يەھۇدانىڭ ئەتراپىدىكى مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى
پەرۋەردىگارنىڭ قورقۇنچى باستى ۋە ئۇلار يەھوشافات بىلەن ئۇرۇش

7:17 **«مىكايالار»** ــ ياكى «مىكالار».

قىلىشقا پېتىنالمايتتى. [11] فىلىستىيلەردىن بەزىلىرى يەھوشافاتقا سوۋغا-سالاملار ۋە كۈمۈش ئولپانلىرىنى تاپشۇردى؛ ئەرەبلەرمۇ پادىلىرىدىن ئۇنىڭغا يەتتە مىڭ يەتتە يۈز قوچقار، يەتتە مىڭ يەتتە يۈز تېكە سوۋغا قىلدى. [12] يەھوشافات بارغانسېرى كارامەت قۇدرەت تېپىپ، يەھۇدادا بىرنەچچە قورغان ۋە ئامبار شەھىرى بىنا قىلدى. [13] ئۇ يەھۇدانىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە نۇرغۇن ماددىي ئەشيا زاپىسى تەييارلىدى؛ يېرۇسالېمدىمۇ ئۇنىڭ زەبەردەس باتۇر جەڭچىلىرى بار ئىدى. [14] جەمەتلىرى بويىچە ئۇلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: —

يەھۇدا قەبىلىسىدىكى مىڭباشلىرى ئىچىدە ئادناھ سەردار بولۇپ، باتۇر جەڭچىلەردىن ئۈچ يۈز مىڭغا باشلامچىلىق قىلاتتى؛ [15] ئادناھنىڭ قول ئاستىدا يەھوھانان سەردار بولۇپ، ئىككى يۈز سەكسەن مىڭ ئادەمگە باشلامچىلىق قىلاتتى؛ [16] يەھوھانانىنىڭ قول ئاستىدا زىكرىنىڭ ئوغلى ئاماسىيا بار ئىدى؛ ئۇ پەرۋەردىگارغا ئۆزىنى ئاتىغۇچى ئادەم بولۇپ، ئىككى يۈز مىڭ باتۇر جەڭچىگە باشلامچىلىق قىلاتتى. [17] بىنيامىن قەبىلىسى ئىچىدە ئېلىيادا دېگەن باتۇر بىر جەڭچى بولۇپ، ئوقيا ۋە قالقان بىلەن قوراللانغان ئىككى يۈز مىڭ باتۇر جەڭچىگە باشلامچىلىق قىلاتتى؛ [18] ئېلىيادانىڭ قول ئاستىدا يەھوزاباد بولۇپ، جەڭگە تەييار قوشۇندىن بىر يۈز سەكسەن مىڭ ئادەمگە باشلامچىلىق قىلاتتى. [19] بۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھازىر تۇراتتى؛ پادىشاھنىڭ يەنە پۈتۈن يەھۇدا زېمىنىدىكى قورغانلىق شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەملىرى بولسا، ئۇلارنىڭ سىرتىدا ئىدى.

---

15:17 **«يەھوھانان»** — ياكى «يوھانان».

19:17 **«بۇلارنىڭ ھەممىسى»** — بەلكىم 14-18-ئايەتتىكى يولباشچىلار ۋە 18-ئايەتتىكى «جەڭگە تەييار تۇرىدىغانلار»نى كۆرسىتىدۇ.

## يەھوشافات ئاھاب بىلەن ئىتتىپاقداش بولىدۇ

1پاد. 22:2-36

18 [1] يەھوشافاتنىڭ مال-مۈلكى ناھايىتى كۆپ، شان-شۆھرىتى
ناھايىتى يۇقىرى بولدى؛ ئۇ ئاھاب بىلەن قۇدىلىشىپ
ئىتتىپاقلاشتى. [2] بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ ئاھاب بىلەن كۆرۈشۈشكە
سامارىيەگە باردى. ئاھاب بولسا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئاتاپ
نۇرغۇن كالا، قوي سويدى؛ ئاندىن ئۇ ئۇنى گىلېئادتىكى راموتقا بىللە
ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندىدى. [3] ئىسرائىل پادىشاھى ئاھاب يەھۇدا پادىشاھى
يەھوشافاتتىن: ــ ئۆزلىرى مېنىڭ بىلەن بىللە گىلېئادتىكى راموتقا
بېرىشقا ماقۇل بولامدىلا؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئۇ: ــ بىز سىلىنىڭ-مېنىڭ
دەپ ئايرىمايمىز؛ مېنىڭ خەلقىم ئۆزلىرىنىڭ خەلقىدۇر. مەن ئۆزلىرى
بىلەن بىللە جەڭ قىلىشقا بارماي تۇرمايمەن، دەپ جاۋاب بەردى.
[4] لېكىن يەھوشافات ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا: ــ ئۆتۈنىمەنكى، بۈگۈن
ئاۋۋال پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى سوراپ كۆرگەيلا، دېدى.
[5] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى پەيغەمبەرلەرنى، يەنى تۆت
يۈز ئادەمنى يىغدۇرۇپ ئۇلاردىن: ــ بىز جەڭ قىلغىلى گىلېئادتىكى
راموتقا چىقساق بولامدۇ، يوق؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: «چىققىن، خۇدا
ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ، دېيىشتى.
[6] لېكىن يەھوشافات بولسا: ــ بۇلاردىن باشقا يول سورىغۇدەك،
پەرۋەردىگارنىڭ بىرەر پەيغەمبىرى يوقمىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
[7] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوشافاتقا جاۋاب بېرىپ: ــ پەرۋەردىگاردىن
يول سورايدىغان يەنە بىر ئادەم بار؛ لېكىن ئۇ مېنىڭ توغرامدا قۇتلۇقنى

---

3:18 **«بىز سىلىنىڭ-مېنىڭ دەپ ئايرىمايمىز»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەن ئۆزۈم ساڭا ئوخشاش بولىمەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

5:18 **«چىققىن، خۇدا ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ»** ــ يەھوشافات: ««ئاۋۋال پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى سوراپ كەلگەيلا» دەيدۇ (4-ئايەت). لېكىن «پەيغەمبەرلەر» «پەرۋەردىگار» (ئىبرانىي تىلىدا «يەھۋە، يەھوۋاھ») دېگەن نامنى ئىشلەتمەي، بەلكى «خۇدا» (ئىبرانىي تىلىدا «ئەلوھىم») دەپ ئىشلىتىدۇ. شۇڭا يەھوشافات «پەيغەمبەرلەر»نىڭ بېشارەتلىرىدىن قاتتىق گۇمان قىلغان بولسا كېرەك. كېيىنكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

ئەمەس، بەلكى دائىم بالايىئاپەتنى كۆرسىتىپ بېشارەت بەرگەچكە، مەن ئۇنى ئۆچ كۆرىمەن. ئۇ بولسا ئىملاھنىڭ ئوغلى مىكايادۇر، دېدى.
يەھوشافات: ــ ئى ئالىيلىرى، سىلى ئۇنداق دېمىگەيلا، دېدى.
[8] ئاندىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىر چاكىرىنى قىچقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ چاقىقان بېرىپ، ئىملاھنىڭ ئوغلى مىكايانى چاقىرتىپ كەل، دەپ بۇيرۇدى.
[9] ئەمدى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات شاھانە كىيىملىرىنى كىيىشىپ، سامارىيەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى خاماندا ھەربىرى ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇشتى؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بېشارەت بەرمەكتە ئىدى.
[10] كەنئاناھنىڭ ئوغلى زەدەكىيا بولسا ئۆزى تۆمۈردىن مۈڭگۈزلەرنى ياساپ: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مۇشۇ مۈڭگۈزلەر بىلەن سۇرىيلەرنى يوقاتقۇچە ئۈسۈپ ئۇرسىلا»، دېدى. [11] ھەممە پەيغەمبەرلەر شۇنىڭغا ئوخشاش بېشارەت بېرىپ: «گىلېئادتىكى راموتقا چىقىپ سۆزسىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلا؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا تاپشۇرىدىكەن»، دېيىشتى.
[12] مىكايانى قىچقىرغىلى بارغان خەۋەرچى ئۇنىڭغا: ــ مانا، ھەممە پەيغەمبەرلەر بىردەك پادىشاھقا ياخشى خەۋەر بەرمەكتە؛ ئەمدى ئۆتۈنىمەن، سېنىڭ سۆزۈڭمۇ ئۇلارنىڭكى بىلەن بىردەك بولۇپ، ياخشى بىر خەۋەرنى بەرگىن، دېدى.
[13] ئەمما مىكايا: ــ پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خۇدايىم ماڭا نېمە ئېيتسا، مەن شۇنى ئېيتىمەن، دېدى.
[14] ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پادىشاھ ئۇنىڭدىن: ــ ئى مىكايا، جەڭ قىلغىلى گىلېئادتىكى راموتقا چىقساق بولامدۇ، يوق؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ چىقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىلەر؛ چۈنكى دۈشمىنىڭلار قوللىرىڭلارغا تاپشۇرۇلىدۇ، دېدى.

---

14:18 **«چىقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىلەر؛ چۈنكى دۈشمىنىڭلار قوللىرىڭلارغا تاپشۇرۇلىدۇ»** ــ شۈبھىسىزكى، مىكايا بۇ سۆزنى كىنايىلىك، ھەجۋىي تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىدۇ. چۈنكى پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ (15-ئايەتنى كۆرۈڭ).

15 لېكىن پادىشاھ ئۇنىڭغا: ــ مەن ساڭا قانچە قېتىم پەرۋەردىگارنىڭ
نامىدا راست گەپتىن باشقىسىنى ماڭا ئېيتماسلىققا قەسەم
ئىچكۈزۈشۈم كېرەك؟! ــ دېدى.
16 مىكايا: ــ مەن پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ تاغلاردا پادىچىسىز قويلاردەك
تارىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. پەرۋەردىگار: «بۇلارنىڭ ئىگىسى يوق؛
بۇلارنىڭ ھەربىرى تىنچ-ئامان ئۆز ئۆيىگە قايتسۇن» دېدى، ــ دېدى.
17 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوشافاتقا: ــ مانا، مەن سىلىگە «ئۇ
مېنىڭ توغرامدا قۇتلۇقنى ئەمەس، بەلكى ھامان بالايىئاپەتنى
كۆرسىتىپ بېشارەت بېرىدۇ»، دېمىگەنمىدىم؟ ــ دېدى.
18 مىكايا يەنە: ــ شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىن؛ مەن
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنى، ئاسماننىڭ پۈتكۈل
قوشۇنلىرى ئۇنىڭ يېنىدا، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.
19 پەرۋەردىگار: «كىم ئاھابنى گىلېئادتىكى راموتقا چىقىپ، شۇ يەردە
ھالاك بولۇشقا ئالدايدۇ؟» ــ دېدى. بىرسى ئۇنداق، بىرسى مۇنداق
دېيىشتى؛ 20 شۇ ۋاقىتتا بىر روھ چىقىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
تۇرۇپ: «مەن بېرىپ ئالداي» دېدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىن: «قانداق
ئۇسۇل بىلەن ئالدايسەن؟» دەپ سورىۋىدى، 21 ئۇ: «مەن چىقىپ ئۇنىڭ
ھەممە پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاغزىدا يالغانچى بىر روھ بولىمەن»، دېدى
پەرۋەردىگار: «ئۇنى ئالداپ ئىلكىڭگە ئالالايسەن؛ بېرىپ شۇنداق
قىل» ــ دېدى. 22 مانا ئەمدى پەرۋەردىگار سېنىڭ بۇ ھەممە
پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ئاغزىغا بىر يالغانچى روھنى سالدى؛ پەرۋەردىگار
سېنىڭ توغراڭدا بالايىئاپەت كۆرسىتىپ سۆزلىدى» ــ دېدى.
23 شۇنى ئاڭلاپ كەنئاناھنىڭ ئوغلى زەدەكىيا كېلىپ مىكايانىڭ
كاچىتىغا بىرنى سېلىپ: ــ پەرۋەردىگارنىڭ روھى قايسى يول بىلەن

---

**21:18 «مەن چىقىپ ئۇنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاغزىدا يالغانچى بىر روھ بولىمەن»** ــ بۇ ئايەتلەردىن بۇ روھنىڭ بىر يالغان سۆزلەيدىغان جىن ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ. خۇدانىڭ ئۆز روھى ياكى پەرىشتىلىرى ھېچقاچان يالغان سۆز قىلمايدۇ. دېمەك، خۇدا جىن-شەيتانلارغا ئاھاب پادىشاھنى ئالداشقا يول قويىدۇ.

مەندىن ئۆتۈپ ساڭا سۆز قىلىشقا باردى؟! ــ دېدى.
[24] مىكايا جاۋاب بېرىپ: ئۆزۈڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىدىكى ئۆيگە يۈگۈرگەن كۈنىدە شۇنى كۆرىسەن، دېدى.
[25] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئەمدى: ــ مىكايانى ئېلىپ قايتۇرۇپ بېرىپ، شەھەر ھاكىمى ئامون بىلەن پادىشاھنىڭ ئوغلى يوئاشقا تاپشۇرۇپ، [26] ئۇلارغا تاپىلاپ: «پادىشاھ مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۇنى زىندانغا سولاپ مەن تىنچ-ئامان يېنىپ كەلگۈچىلىك قىيناپ، نان بىلەن سۇنى ئاز-ئاز بېرىپ تۇرۇڭلار» ــ دەڭلار، دەپ بۇيرۇدى.
[27] مىكايا: ــ ئەگەر سەن ھەقىقەتەن تىنچ-ئامان يېنىپ كەلسەڭ، پەرۋەردىگار مېنىڭ ۋاستەم بىلەن سۆز قىلمىغان بولىدۇ، دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە: ــ ئەي جامائەت، ھەربىرىڭلار ئاڭلاڭلار، دېدى.
[28] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات گىلېئادتىكى راموتقا چىقتى.
[29] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوشافاتقا: ــ مەن باشقا قىياپەتكە كىرىپ جەڭگە چىقاي؛ سىلى بولسىلا ئۆز كىيىملىرىنى كىيىپ چىقسىلا، دېدى. ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى باشقا قىياپەت بىلەن جەڭگە چىقتى.
[30] سۇرىيەنىڭ پادىشاھى جەڭ ھارۋىسى سەردارلىرىغا: ــ چوڭلىرى ياكى كىچىكلىرى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن سوقۇشۇڭلار، دەپ بۇيرۇدى.
[31] ۋە شۇنداق بولدىكى، جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ سەردارلىرى يەھوشافاتنى كۆرگەندە: ــ ئۇنى چوقۇم ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى دەپ، ئۇنىڭغا ئولىشىپ ھۇجۇم قىلماقچى بولدى؛ لېكىن يەھوشافات پەرياد كۆتۈردى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. خۇدا ئۇلارنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇردى؛ [32] چۈنكى شۇنداق بولدىكى، جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ سەردارلىرى ئۇنىڭ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئەمەسلىكىنى كۆرگەندە ئۇنى قوغلىماي، بۇرۇلۇپ كېتىپ قېلىشتى.

---

24:18 **«ئىچكىرىدىكى ئۆيگە يۈگۈرگەن كۈنى»** ــ ياكى «ئۆيدىن ئۆيگە يۈگۈرگەن كۈنى».

[33] ئەمما بىرەيلەن قارىسىغىلا بىر ئوقيا ئېتىۋىدى، ئوق ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنىڭ ساۋۇتىنىڭ مۆرىسىدىن تۆۋەنكى ئۇلىقىدىن ئۆتۈپ تەگدى. ئۇ ھارۋىكېشىغە: ھارۋىنى ياندۇرۇپ مېنى سەپتىن چىقارغىن؛ چۈنكى مەن يارىدار بولدۇم، دېدى. [34] ئۇ كۈنى جەڭ بارغانسېرى قاتتىق بولدى. پادىشاھ كەچكىچە سۈرىيلەرنىڭ ئۇدۇلىدا ئۆز جەڭ ھارۋىسىغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇردى. كۈن پېتىشى بىلەن ئۇ ئۆلدى.

## يەھوشافات خۇدادىن ئاگاھ قوبۇل قىلىدۇ

19

[1] يەھۇدا پادىشاھى يەھوشافات ئامان-ئېسەن يېرۇسالېمدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. [2] ئالدىن كۆرگۈچى ھانانىنىڭ ئوغلى يەھۇ پادىشاھ يەھوشافاتنىڭ ئالدىغا چىقىپ: ــ سېنىڭ رەزىللەرنىڭ ياردىمىدە بولۇپ، پەرۋەردىگارغا ئۆچ بولغانلارنى سۆيگىنىڭ دۇرۇسمۇ؟ شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بېشىڭغا چۈشىدىغان بولدى. [3] ھالبۇكى، سەن ئاشەراھ بۇتلىرىنى زېمىندىن يوقىتىپ تاشلىغىنىڭ ۋە خۇدانى ئىزدەشكە نىيەت قىلغىنىڭ ئۈچۈن سەندىمۇ ياخشىلىق تېپىلدى، دېدى.

[4] يەھوشافات يېرۇسالېمدا ئولتۇراتتى؛ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ خەلق ئارىسىغا چىقىپ، بەئەر-شېبادىن تارتىپ ئەفرائىم تاغلىرىغىچە سەپەر قىلىپ، خەلقنى توۋا قىلدۇرۇپ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا ياندۇردى. [5] ئۇ يەنە يەھۇدا تەۋەسىدىكى بارلىق قورغانلىق شەھەرلەردە سوراقچىلارنى تەيىنلىدى؛ [6] ئۇ سوراقچىلارغا: ــ ئۆز قىلغانلىرىڭلارغا ئېھتىياتچان بولۇڭلار؛ چۈنكى سىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىڭلار ئىنسان ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار ئۈچۈندۇر؛ سىلەر ھۆكۈم چىقارغىنىڭلاردا ئۇ چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. [7] ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھىمىسى كۆز ئالدىڭلاردا

---

4:19 **«بەئەر-شېبادىن تارتىپ ئەفرائىم تاغلىرىغىچە»** ــ بەئەر-شېبا يەھۇدا زېمىنىدىكى ئەڭ جەنۇبىي چېگرا، ئەفرائىم تاغلىقى بولسا شىمالىي چېگرا ئىدى.

بولسۇن؛ ئۆز قىلغانلىرىڭلارغا ئېھتىياتچان بولۇڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىمىزدا ناھەقلىق يوق، يۈز-خاتىر قىلىش يوق، پارا يېيىشمۇ يوقتۇر، دېدى.
8 يەھوشافات لاۋىيلاردىن، كاھىنلاردىن ۋە ئىسرائىل جەمەتلىرىنىڭ باشلىرىدىن بەزىلەرنى يېرۇسالېمغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى يېرۇسالېمدىمۇ پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈملىرىنى چىقىرىش ۋە خەلقنىڭ ئەرز-دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەيىنلىدى. 9 يەھوشافات ئۇلارغا: — سىلەر بۇ ئىشلارنى پەرۋەردىگارنىڭ قورقۇنچىدا بولۇپ ساداقەتلىك بىلەن چىن كۆڭلۈڭلاردىن بېجىرىڭلار. 10 ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرىدىغان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئالدىڭلارغا ئېلىپ كەلگەن بارلىق ئەرز-دەۋاسى، مەيلى ئۇ خۇن دەۋاسى بولسۇن، قانۇن-ئەمر ۋە ھۆكۈم-بەلگىلىمىلەر توغرىسىدىكى ئەرز-دەۋا بولسۇن، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئۆز بېشىڭلارغا ۋە قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ بېشىغا كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھامان ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار، گۇناھكار بولمايسىلەر. 11 پەرۋەردىگارغا تەئەللۇق ئىشلاردا سىلەرنى باش كاھىن ئامارىيا باشقۇرىدۇ؛ پادىشاھقا دائىر ئىشلاردا، سىلەرنى يەھۇدا جەمەتىنىڭ يولباشچىسى ئىسمائىلنىڭ ئوغلى زەبادىيا باشقۇرىدۇ؛ سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا تۇرىدىغان لاۋىيلار بار. جاسارەتلىك بولۇپ ئىشلىرىڭلارنى قىلىڭلار ۋە پەرۋەردىگار ئىشنى دۇرۇس قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بولىدۇ! — دېدى.

---

8:19 **«پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈملىرىنى چىقىرىش»** — ياكى «پەرۋەردىگار ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىش». بۇ تەرجىمە توغرا بولسا، بەلكىم ئىبادەتخانىدىكى ئىشلارنى (يەنى، پۇقرالارغا ئائىت بولمىغان ئىشلارنى) كۆرسىتىشى مۇمكىن.

## ئاجايىب بىر نۇسرەت

20 [1] كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇنداق بولدىكى، موئابىيلار، ئاممونىيلار
ۋە مائونىيلاردىن بەزىلىرى بىرلىشىپ كېلىپ يەھوشافاتقا
ھۇجۇم قىلىشقا چىقتى. [2] چاپارمەنلەر كېلىپ يەھوشافاتقا: ــ ئۆلۈك
دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدىن، يەنى ئېدومدىن سىلىگە ھۇجۇم قىلغىلى
زور بىر قوشۇن چىقىپ كەلدى؛ مانا، ئۇلار ھازازون-تاماردا، دېدى
(ھازازون-تامار يەنە «ئەن-گەدى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). [3] بۇنى ئاڭلىغان
يەھوشافات قورقۇپ، پەرۋەردىگارنى ئىزدەشكە نىيەت باغلاپ، پۈتۈن
يەھۇدا تەۋەسىدە «روزا تۇتۇشىمىز كېرەك» دەپ جاكارلىدى. [4] يەھۇدالار
ئەمدى پەرۋەردىگاردىن ياردەم تىلىگىلى يىغىلدى؛ خەلق يەھۇدانىڭ
ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگاردىن ياردەم تىلەشكە
كېلىشتى. [5] يەھوشافات يەھۇدا ۋە يېرۇسالېمدىكى جامائەت ئارىسىغا
چىقىپ، پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ يېڭى ھويلىسىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ
[6] مۇنداق دۇئا قىلىپ: ــ
«ئى پەرۋەردىگار، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇداسى، سەن ئەرشتە
تۇرغۇچى خۇدا، بارلىق ئەل-مەملىكەتلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم
سۈرگۈچى ئەمەسمىدىڭ؟ سېنىڭ قولۇڭ كۈچ-قۇدرەتكە تولغاندۇر،
ھېچكىم سېنى توسالمايدۇ. [7] ئى خۇدايىمىز، سەن بۇ زېمىندىكى
ئاھالىنى ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللار ئالدىدىن قوغلاپ، ئۇنى ئۆز
دوستۇڭ ئىبراھىمنىڭ نەسلىگە مەڭگۈلۈك مىراس قىلىپ بەرگەن
ئەمەسمىدىڭ؟ [8] ئۇلار شۇ يەردە تۇردى ھەم شۇ يەردە سېنىڭ نامىڭغا
ئاتاپ بىر مۇقەددەسخانا سېلىپ: [9] «مۇبادا بېشىمىزغا بىرەر
بالايىئاپەت كەلسە، مەيلى ئۇ قىلىچ، جازا، ۋابا، ئاچارچىلىق بولسۇن،
قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقتىمىزدا، مۇشۇ ئۆي، يەنى سېنىڭ ئالدىڭدا
تۇرۇپ، ساڭا مۇراجىئەت قىلساق (چۈنكى سېنىڭ نامىڭ مۇشۇ
ئۆيدىدۇر)، سەن ئاڭلايسەن ۋە قۇتقۇزىسەن» دېگەنىدى.
[10] ئەمدى مانا، بۇ يەرگە ئاممونىيلار، موئابىيلار ۋە سېئىر تېغىدىكىلەر
بېسىپ كېلىۋاتىدۇ! ئىلگىرى ئىسرائىللار مىسىر زېمىنىدىن

چىققان چاغدا سەن ئىسرائىللارنىڭ ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىشىغا يول
قويمىغانىدىڭ؛ ئۇ چاغدا ئىسرائىللار ئۇلارنى يوقاتماي ئۇ يەردىن
ئايلىنىپ ئۆتكەن. 11 ئەمدى قارا، ھازىر ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىمىزنى
قانداق يول بىلەن قايتۇرماقچى بولۇۋاتقىنىغا! ئۇلار بىزنى سەن بىزگە
مىراس قىلىپ بەرگەن بۇ زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ.
12 ئى خۇدايىمىز، سەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارمامسەن؟
چۈنكى بىزنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا كېلىۋاتقان بۇ زور قوشۇن
بىلەن قارشىلاشقۇدەك كۈچىمىز يوق؛ نېمە قىلىشىمىزنىمۇ بىلمەي
قالدۇق؛ لېكىن بىزنىڭ كۆزىمىز ساڭا تىكىلىپ تۇرماقتا» — دېدى.
13 بۇ چاغدا پۈتۈن يەھۇدا خەلقى، ئۇلارنىڭ قۇچاقتىكى بالىلىرى، خوتۇن
بالا-چاقىلىرىنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. 14 ۋە
شۇ پەيتتە پەرۋەردىگارنىڭ روھى جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان
لاۋىيلاردىن ئاسافنىڭ ئەۋلادى بولغان ماتتانىيانىڭ چەۋرىسى،
يەئىيەلنىڭ ئەۋرىسى، بىنايانىڭ نەۋرىسى، زەكەرىيانىڭ ئوغلى
ياھازىيەلگە چۈشتى؛ 15 ئۇ: — ئى پۈتۈن يەھۇدا خەلقى، سىلەر
يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ۋە پادىشاھ يەھوشافات، قۇلاق سېلىڭلار!
پەرۋەردىگار سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: — «سىلەر بۇ زور قوشۇندىن قورقۇپ
كەتمەڭلار ۋە ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭلار؛ چۈنكى بۇ جەڭ سىلەرنىڭكى
ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆزىنىڭكىدۇر. 16 ئەتە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا
چىقىڭلار؛ مانا، ئۇلار زىز داۋانىدىن چىقىپ كېلىدۇ ۋە سىلەر ئۇلارنى
يەرۇئەل چۆلىنىڭ ئالدىدىكى جىلغا ئېغىزىدا ئۇچرىتىسىلەر. 17 سىلەر
بۇ دۆرەم جەڭدە ئۇرۇشۇشۇڭلارنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ؛ پەقەت سەپكە
تىزىلىپ تۇرۇڭلار، سىلەر بىلەن بىللە بولغان پەرۋەردىگارنىڭ نىجات-
نۇسرىتىنى كۆرۈڭلار! ئى يەھۇدا، ئى يېرۇسالېمدىكىلەر، قورقماڭلار،
ئالاقزادىمۇ بولۇپ كەتمەڭلار؛ ئەتە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا چىقىڭلار،
پەرۋەردىگار چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ!» — دېدى.
18 بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەھوشافات بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تىزلاندى ۋە
بارلىق يەھۇدا خەلقى ھەم يېرۇسالېمدىكىلەر پەرۋەردىگار ئالدىدا

دۇم يىقىلىپ پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى. [19]كوھات ئەۋلادى ۋە كوراھ
ئەۋلادى ئىچىدىكى لاۋىيلاردىن بولغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ
ئىنتايىن كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنى
مەدھىيىلەشتى.
[20]پۈتۈن خەلق ئەتىسى قاق سەھەردە تۇرۇپ تەكوئا چۆلىگە قاراپ
ئاتلاندى؛ ئۇلار ئاتلىنىپ كېتىۋاتقاندا، يەھوشافات ئورنىدىن تۇرۇپ
ئۇلارغا: — ئى يەھۇدا خەلقى، ئى يېرۇسالېمدىكىلەر، گېپىمگە قۇلاق
سېلىڭلار! خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارغا تايىنىڭلار، چوقۇم مەزمۇت
تۇرغۇزۇلىسىلەر؛ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىڭلار، يولۇڭلار
چوقۇم راۋان بولىدۇ! — دېدى.
[21]ئاندىن ئۇ خەلق بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
مۇقەددەس بەھەيۋەتلىكىنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ غەزەل-
كۈي ئېيتىدىغانلارنى: «سىلەر پەرۋەردىگارغا رەھمەت-تەشەككۈر
ئېيتىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر!»
دەپ ئوقۇشقا تەيىنلەپ، قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭدۇردى. [22]ئۇلار تەنتەنە
قىلىپ ھەمدۇسانا ئوقۇشى بىلەن، پەرۋەردىگار يەھۇدا خەلقىگە ھۇجۇم
قىلىشقا چىققان ئاممونىيلار، موئابىيلار ۋە سېئىر تېغىدىكىلەرگە
پىستىرما قوشۇننى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدۇردى. [23]شۇنىڭ
بىلەن ئاممونىيلار بىلەن موئابىيلار سېئىر تېغىدىكىلەرگە ھۇجۇم
قىلىشقا ئۆتتى، ئۇلارنى بىرىنى قويماي قىرىۋەتتى؛ ئۇلار سېئىر
تېغىدىكىلەرنى قىرىپ تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە ئۆزلىرى بىر-
بىرىنى قىرغىن قىلىشقا چۈشكەندى. [24]يەھۇدالار چۆلدىكى
كۆزەتگاھقا كېلىپ شۇ زور قوشۇن تەرەپكە قارىسا، مانا قېچىپ

**21:20 «مۇقەددەس بەھەيۋەتلىكىنى مەدھىيىلەپ...»** — ياكى «پاك-مۇقەددەسلىكنىڭ گۈزەللىكىدە مەدھىيىلەپ...». «زەب.» 2:29نى كۆرۈڭ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «شاھانە كىيىملەرنى كىيگەن...».

**22:20 «پەرۋەردىگار ... پىستىرما قوشۇننى ئەۋەتتى،...»** — مۇشۇ سىرلىق سۆزلەر (1) پەرۋەردىگار ئاممونىيلار قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتتى؛ (2) پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، دەپ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

قۇتۇلغان بىرمۇ ئادەم يوق بولۇپ، ھەممە يەرنى ئۆلۈك قاپلاپ كەتكەنىدى. [25] يەھوشافات ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن دۈشمەندىن ئولجا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا كەلگەندە، ئۇلار ئۆلۈكلەر بىللە نۇرغۇن مال-مۈلۈك ۋە كۆپ قىممەتلىك بۇيۇملارنى تاپتى. ئۇلار سالدۇرۇۋالغانلىرىنىڭ تولىلىقىدىن ئېلىپ كېتەلمەي قالدى؛ ئولجا شۇنچە كۆپ بولغاچقا، ئۇنى يىغىۋېلىشقا ئۈچ كۈن كەتتى. [26] ئۇلار تۆتىنچى كۈنى بەراكاھ جىلغىسىغا يىغىلىپ، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ مۇبارەكلىدى؛ شۇڭا ئۇ يەر تاكى بۈگۈنگە قەدەر «بەراكاھ جىلغىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.
[27] ئاندىن بارلىق يەھۇدادىكىلەر ۋە يېرۇسالېمدىكىلەر يەھوشافاتنىڭ باشلامچىلىقىدا خۇشال-خۇرام بولۇپ يېرۇسالېمغا قايتتى؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىپ خۇشاللىققا چۆمدۈرگەنىدى. [28] ئۇلار يېرۇسالېمغا تەمبۇر، چىلتار ۋە كانايلار چېلىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىردى. [29] بارلىق ئەل-مەملىكەتلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى چىقىپ جەڭ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، خۇدانىڭ ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستى. [30] شۇنىڭ بىلەن يەھوشافاتنىڭ پادىشاھلىقى تىنچ-ئاسايىشلىقتا بولدى؛ ئۇنىڭ خۇداسى ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى تىنچ قىلغانىدى.
[31] شۇنداق قىلىپ يەھوشافات يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈردى. ئۇ تەختكە چىققان چاغدا ئوتتۇز بەش ياشتا ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا يىگىرمە بەش يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئازۇباھ بولۇپ، ئۇ شىلھىنىڭ قىزى ئىدى. [32] يەھوشافات قايماي ئاتىسى ئاسانىڭ يولىدا مېڭىپ، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلدى. [33] پەقەت «يۇقىرى جايلار»لا يوقىتىلمىغانىدى؛ خەلق تېخىچە كۆڭۈللىرىنى

24:20 **«كۆزەتگاھ»** — ياكى «كۆزەت مۇنارى».

26:20 **«...بەراكاھ جىلغىسىغا يىغىلىپ، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ مۇبارەكلىدى...»** — دېمىسەكمۇ، «بەراكاھ» دېگەننىڭ مەنىسى «مۇبارەكلەش» ياكى «بەخت-بەرىكەت تىلەش» دېگەن مەنىدە.

**31:20** 1پاد. 22:41-51

ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسىغا مايىل قىلمىغانىدى.
[34] يەھوشافاتنىڭ قالغان ئىشلىرى بولسا، مانا باشتىن ئاخىرىغىچە
«يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخنامىسى»غا كىرگۈزۈلگەن
«ھانانىنىڭ ئوغلى يەھۇنىڭ بايان سۆزلىرى»دە پۈتۈلگەندۇر.
[35] بۇ ئىشلاردىن كېيىن يەھۇدا پادىشاھى يەھوشافات تولا رەزىل
ئىشلارنى قىلغان ئىسرائىل پادىشاھى ئاھازىيا بىلەن ئىتتىپاق
تۈزدى. [36] يەھوشافات تارشىشقا بارىدىغان كېمىلەرنى ياساشقا ئۇنىڭ
بىلەن شېرىكلەشتى؛ شۇ كېمىلەرنى ئۇلار ئەزىئون-گەبەردە ياساتتى.
[37] ئۇ چاغدا مارەشاھلىق دوداۋاھۇنىڭ ئوغلى ئەلىئېزەر يەھوشافاتنى
ئەيىبلەپ ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىپ: — ئاھازىيا بىلەن ئىتتىپاق
تۈزگىنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار سېنىڭ ياسىغانلىرىڭنى بۇزۇۋېتىدۇ»
دېدى. دەرۋەقە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ كېمىلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ
تارشىشقا ماڭالمىدى.

## يەھورام يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈردۇ

2پاد. 8:16-24

21 [1] يەھوشافات ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە «داۋۇت
شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى؛ ئوغلى يەھورام ئۇنىڭ ئورنىغا
پادىشاھ بولدى.
[2] يەھورامنىڭ بىرنەچچە ئىنىسى، يەنى يەھوشافاتنىڭ ئازارىيا،
يەھىيەل، زەكەرىيا، ئازارىياھۇ، مىكائىل ۋە شەفاتىيا دېگەن ئوغۇللىرى
بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ
ئوغۇللىرى ئىدى. [3] ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۇلارغا نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش

---

34:20 **«يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخنامىسى»** — بۇ كىتاب تەۋراتتىكى ئۇشبۇ «تارىخ-تەزكىرىلەر» ئەمەس، بىراق شۈبھىسىزكى، ئۇشبۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپلىرى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇچۇرلارنى ئالغانىدى.

2:21 **«ئازارىياھۇ»** — ياكى «ئازارىيا».

ۋە قىممەتلىك بۇيۇملارنى، شۇنداقلا يەھۇدا زېمىنىدىكى بىرقانچە قورغانلىق شەھەرنى سوۋغا قىلدى؛ پەقەت پادىشاھلىقنى بولسا، يەھورام چوڭ ئوغلى بولغاچقا، ئۇنىڭغا بەردى. [4] يەھورام ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ هوقۇقىنى مۇستەھكەملىدى. ئاندىن ئۇ بارلىق ئىنىلىرىنى، شۇنداقلا يەھۇدادىكى بىرقانچە ئەمەلدارلارنى قىلىچلاپ قەتل قىلدى.

[5] يەھورام تەختكە ئولتۇرغىنىدا ئوتتۇز ئىككى ياشتا ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا سەككىز يىل سەلتەنەت قىلدى. [6] ئۇ ئاھاب جەمەتىدىكىلەرگە ئوخشاش، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرى ماڭغان يولدا ماڭدى، چۈنكى ئۇ ئاھابنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالغانىدى؛ ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى. [7] بىراق پەرۋەردىگار داۋۇت بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى سەۋەبلىك، داۋۇتقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەڭگۈ ئۈچمەيدىغان بىر چىراغ قالدۇراي دەپ، ۋەدە قىلغىنى بويىچە داۋۇتنىڭ جەمەتىنى يوق قىلىپ تاشلاشنى خالىمىدى. [8] يەھورامنىڭ سەلتەنىتىدىكى كۈنلەردە ئېدوملار يەھۇدادىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا ئۆزلىرىگە هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر پادىشاھ تىكلىدى. [9] يەھورام، سەردارلىرى ۋە بارلىق جەڭ هارۋىلىرى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كېچىدە قوزغىلىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى قورشىۋالغان ئېدومىيلارغا ۋە جەڭ هارۋىسى سەردارلىرىغا هۇجۇم قىلىپ غالىب كەلدى. [10] هالبۇكى، ئېدومىيلار شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يەھۇداغا قارشى چىقىپ، تاكى بۈگۈنگە قەدەر يەھۇدانىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ تۇردى. يەھورام ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنى تاشلىغىنى ئۈچۈن لىبناھلىقلارمۇ شۇ چاغدا ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئايرىلىپ چىقتى. [11] ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەھورام يەنە يەھۇدانىڭ تاغلىرىدا «يۇقىرى جايلار»نى ياسىتىپ، يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنى بۇزۇقچىلىققا پۇتلاشتۇردى، يەھۇدالارنىمۇ شۇنداق ئازدۇردى.

---

11:21 **«بۇزۇقچىلىققا پۇتلاشتۇردى...»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «بۇزۇقچىلىق» روھىي جەھەتتىن ئېيتىلىدۇ، دېمەك پەرۋەردىگارغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ بۇتلارغا چوقۇنۇپ كەتكەنلىكنى كۆرسىتىدۇ.

[12]شۇ ۋاقىتلاردا ئىلياس پەيغەمبەر تەرىپىدىن يېزىلغان بىر مەكتۇپ يەھورامغا تەگدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلدى: «سېنىڭ بوۋاڭ داۋۇتنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئاتاڭ يەھوشافاتنىڭ يوللىرىدا ماڭماي، شۇنىڭدەك يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭمۇ يوللىرىنى تۇتماي، [13]بەلكى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ يوللىرىدا مېڭىپ، يەھۇدالارنى ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنى خۇددى ئاھاب جەمەتىدىكىلەر بۇزۇقچىلىقلار قىلغاندەك بۇزۇقچىلىقلارغا پۇتلاشتۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، شۇنداقلا ئاتاڭنىڭ جەمەتىدىكىلەرنى، يەنى ئۆزۈڭدىن ياخشى بولغان ئىنىلىرىڭنى قەتل قىلغىنىڭ ئۈچۈن، [14]پەرۋەردىگار سېنىڭ خەلقىڭنى، خوتۇن بالا-چاقىلىرىڭنى ۋە بارلىق مال-مۈلكۈڭگە ئالامەت زور زەرب بىلەن ئۇرىدۇ. [15]ئۆزۈڭمۇ ئېغىر ۋابالار بىلەن ئۇرۇپ، ئۈچەي-باغرىڭنى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلىدۇكى، كېسىلىڭ كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئۈچەيلىرىڭ ئېقىپ چىقىدۇ»» دېيىلگەنىدى.

[16]كېيىنكى ۋاقىتلاردا پەرۋەردىگار فىلىستىيلەرنىڭ ۋە ئېفىئوپىيلەرنىڭ يېنىدىكى ئەرەبلەرنىڭ روھىنى يەھورامغا قارشى قوزغاتتى. [17]شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەھۇدا زېمىنىغا زەرب قىلىپ بېسىپ ئۆتتى ۋە پادىشاھ ئوردىسىدىكى بارلىق مال-مۈلۈكنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، ئوغۇللىرى بىلەن خوتۇنلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتتى؛ ئۇلار كەنجى ئوغلى يەھوئاھازدىن باشقا ئوغۇللىرىدىن بىرىنىمۇ قالدۇرمىدى. [18]بۇ ۋەقەدىن كېيىن پەرۋەردىگار يەھورامنى ئۇرۇپ، ئۈچەيلىرىنى ساقايماس ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار قىلدى. [19]ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتۈشكە ئاز قالغاندا، كېسەللىك تۈپەيلىدىن

شۇنداقتىمۇ، شۇ چاغدىكى بۇتپەرەسلىكنىڭ جىسمانىي جەھەتتىنمۇ بۇزۇقچىلىق ۋە پاھىشىۋازلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

12:21 **«... ئىلياس پەيغەمبەر تەرىپىدىن يېزىلغان بىر مەكتۇپ يەھورامغا تەگدى»** — بۇ مەكتۇپ يەھورامنىڭ قولىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئىلياس بەلكىم ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇچەيلىرى تېشىلىپ چۈشتى، ئۇ تولىمۇ ئازابلىنىپ ئۆلدى؛ ئۇنىڭ
خەلقى ئاتا-بوۋىلىرىنى ئىززەتلەپ ئۆلارغا خۇشبۇي ياققاندەك،
ئۇنىڭغا ھېچقانداق خۇشبۇي يېقىپ ئولتۇرمىدى. [20] يەھورام تەختكە
چىققان چېغىدا ئوتتۇز ئىككى ياشتا ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا سەككىز
يىل سەلتەنەت قىلدى ۋە ئۇ دۇنيادىن كەتكەندە ھېچكىم ئۇنىڭغا
قايغۇ-ھەسرەت چەكمىدى. خالايىق ئۇنى «داۋۇت شەھىرى»گە دەپنە
قىلدى، لېكىن پادىشاھلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلمىدى.

## ئاھازىيا يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

2پاد. 8:25-29؛ 9:27-29

22 [1] يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار يەھورامنىڭ كەنجى ئوغلى
ئاھازىيانى ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى؛ چۈنكى
ئەرەبلەر بىلەن بىللە بارگاھقا بېسىپ كىرگەن قاراقچىلار ئاھازىيانىڭ
ئاكىلىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا پادىشاھى
يەھورامنىڭ ئوغلى ئاھازىيا سەلتەنەت قىلدى. [2] ئاھازىيا تەختكە
چىققان چېغىدا يىگىرمە ئىككى ياشتا ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا بىر يىل
سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئاتالىيا بولۇپ، ئومرىنىڭ
نەۋرە قىزى ئىدى. [3] ئاھازىيامۇ ئاھاب جەمەتىنىڭ يوللىرىغا ماڭدى؛
چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى رەزىللىككە ئۈندەيتتى. [4] ئۇ ئاھاب جەمەتى
قىلغىنىدەك، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى؛
چۈنكى ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئاھاب جەمەتىدىكىلەر

1:22 **«ئەرەبلەر بىلەن بىللە بارگاھقا بېسىپ كىرگەن قاراقچىلار...»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «بارگاھ» بەلكىم يەھۇدادىكىلەر ئەرەبلەر بىلەن قارشىلىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن دالادا تىككەن ھەربىي بارگاھنى كۆرسىتىدۇ. بەزى تەرجىمانلار «شەھەر» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

2:22 **«ئاھازىيا تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە ئىككى ياشتا ئىدى»** — كۆپ كونا كۆچۈرمىلەردە «...قىرىق ئىككى ياشتا ئىدى» دېيىلىدۇ. بۇ قېتىم بەزى قەدىمكى كۆچۈرمىلەر ۋە تەرجىمە نۇسخىسىغا ۋە «2پاد.» 8:26گە ئاساسەن «يىگىرمە ئىككى ياش» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان رەزىل نەسىھەتلەرنى بېرەتتى. [5] ئۇ ئۇلارنىڭ نەسىھىتىگە ئەگىشىپ، ئىسرائىل پادىشاھى ئاھابنىڭ ئوغلى يەھورام بىلەن بىرلىكتە گىلېئادتىكى راموتقا بېرىپ سۇرىيە پادىشاھى ھازائەل بىلەن سوقۇشتى؛ شۇ چاغدا سۇرىيلەر يەھورامنى زەخىملەندۈردى. [6] ئاندىن يەھورام راماھدا سۇرىيە پادىشاھى بىلەن سوقۇشقان چاغدىكى جاراھەتلىرىنى داۋالىتىش ئۈچۈن يىزرەئەلگە قايتتى. ئاندىن يەھورامنىڭ ئوغلى يەھۇدا پادىشاھى ئازارىيا ئاھابنىڭ ئوغلى يەھورامنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنى يوقلىغىلى يىزرەئەلگە باردى. [7] ھالبۇكى، ئاھازىيانىڭ يەھورامنى يوقلىغىلى بارغىنى دەل ئۆزىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان، خۇدا بېكىتكەن ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇ بارغاندىن كېيىن يەھورام بىلەن بىرلىكتە نىمشىنىڭ ئوغلى يەھۇغا قارشى سوقۇشۇشقا چىقتى. مۇشۇ يەھۇ ئەسلىدە پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئاھابنىڭ جەمەتىنى يوقىتىش ئۈچۈن مەسىھ قىلىنغانىدى. [8] ۋە شۇنداق بولدىكى، يەھۇ خۇدا بېكىتكەن ھۆكۈمنى ئاھاب جەمەتىنىڭ ئۈستىگە يۈرگۈزگەن ۋاقتىدا، ئۇ يەھۇدادىكى ئەمەلدارلارنى ۋە ئاھازىيانىڭ خىزمىتىدە بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۇچرىتىپ، ئۇلارنى قويماي ئۆلتۈرۈۋەتتى. [9] يەھۇ ئاھازىيانىمۇ ئىزدىدى؛ كىشىلەر ئۇنى تۇتۇۋالدى (ئۇ سامارىيەگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى). ئۇلار ئۇنى يەھۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئۆلتۈردى. ئۇلار ئۇنى دەپنە قىلدى، چۈنكى كىشىلەر: «بۇ دېگەن پەرۋەردىگارنى چىن كۆڭلىدىن ئىزدىگەن يەھوشافاتنىڭ نەۋرىسىدۇر» دېگەنىدى. ئاھازىيانىڭ جەمەتىدە پادىشاھلىقنى قولىغا ئالغۇدەك بىرەر ئادەم قالمىدى.

## خانىش ئاتالىيا يەھۇدا ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈردۇ

2پاد. 11:1-3

[10] ئەمدى ئاھازىيانىڭ ئانىسى ئاتالىيا ئوغلىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەندە، يەھۇدا جەمەتىدىكى بارلىق شاھ نەسلىنى ئۆلتۈرۈشكە

قوزغالدى. [11]لېكىن پادىشاھنىڭ قىزى يەھوشېبىيات ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاھازىيانىڭ ئوغلى يوئاشنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى ۋە ئىنىك ئانىسىنى ياستۇق-كىرلىك ئامبىرىغا يوشۇرۇپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ يەھورامنىڭ قىزى، (يەنى ئاھازىيانىڭ سىڭلىسى)، باش كاھىن يەھويادانىڭ خوتۇنى يەھوشېبىيات يوئاشنى ئاتالىيا ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن دەپ ئاتالىيادىن يوشۇرۇپ قويىدى. [12]ئاندىن كېيىن يوئاش ئۇلار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ئالتە يىل يوشۇرۇنۇپ تۇردى؛ ئۇ چاغدا ئاتالىيا يەھۇدا زېمىنىدا سەلتەنەت قىلاتتى.

23 [1]يەتتىنچى يىلى، يەھويادا جاسارەتكە كېلىپ، يەروھامنىڭ ئوغلى ئازارىيا، يەھوھاناننىڭ ئوغلى ئىسمائىل، ئوبەدنىڭ ئوغلى ئازارىيا، ئادايانىڭ ئوغلى مائاسېياھ ۋە زىكرىنىڭ ئوغلى ئەلىشافات قاتارلىق يۈزبېشىنى چاقىرىپ ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزدى. [2]ئۇلار يەھۇدا زېمىنىنى ئارىلاپ، يەھۇدادىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىن لاۋىيلارنى ۋە ئىسرائىلدىكى چوڭ يولباشچىلارنى يىغدى؛ ئۇلار يېرۇسالېمغا كېلىشتى. [3]پۈتكۈل جامائەت خۇدانىڭ ئۆيىدە پادىشاھ بىلەن ئەھدىلەشتى. يەھويادا ئۇلارغا: ــ پادىشاھنىڭ ئوغلى پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى توغرۇلۇق ۋەدە قىلغىنىدەك چوقۇم سەلتەنەت قىلىدۇ. [4]مانا سىلەر قىلىشىڭلار كېرەك بولغان ئىش شۇكى: ــ شابات كۈنىدە پاسبانلىق نۆۋىتى كەلگەن كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ ئۈچتىن بىرى ھەرقايسى دەرۋازىلارنى مۇھاپىزەت قىلسۇن؛ [5]ئۈچتىن بىرى پادىشاھ ئوردىسىنى، ئۈچتىن بىرى «ئۇل دەرۋازىسى»نى مۇھاپىزەت قىلسۇن؛ باشقىلارنىڭ

---

11:22 **«يەھوشېبىيات»** ــ ياكى «يەھوشىبا».

1:23 **«يەھويادا جاسارەتكە كېلىپ...»** ــ ياكى «يەھويادا ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ...»

**1:23** 2پاد. 11:4-20

ھەممىسى پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ ھويلىلىرىدا بولسۇن. 6 لېكىن
كاھىنلار ھەم ۋەزىپە ئۆتەيدىغان لاۋىيلاردىن بۆلەك ھېچكىمنى
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزمىسۇن (كاھىن-لاۋىيلار پاك-
مۇقەددەس دەپ ھېسابلانغاچقا كىرىشىگە بولىدۇ). باشقا خەلقنىڭ
ھەربىرى پەرۋەردىگار ئۆزىگە بېكىتكەن جايلارنى كۆزەت قىلسۇن.
7 لاۋىيلارنىڭ ھەربىرى قولىغا قوراللىرىنى ئېلىپ پادىشاھنى ئوراپ
تۇرسۇن؛ ئۆز مەيلىچە مۇقەددەس ئۆيگە كىرىشكە ئۇرۇنغان ھەركىم
ئۆلتۈرۈلسۇن؛ سىلەر پادىشاھ كىرىپ-چىقىپ يۈرگىنىدە ئۇنىڭ
يېنىدىن ئايرىلماڭلار، ــ دېدى.
8 لاۋىيلار بىلەن يەھۇدالارنىڭ ھەممىسى كاھىن يەھويادانىڭ بارلىق
تاپىلىغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتى. لاۋىيلارنىڭ ھەربىرى شابات كۈنى
نۆۋەتچىلىككە كىرگەن ۋە نۆۋەتچىلىكتىن چۈشكەنلەرنى ئۆز يېنىدا
قالدۇرۇپ قالدى؛ چۈنكى كاھىن يەھويادا ھېچكىمنى نۆۋەتچىلىكتىن
چۈشۈشكە قويمىدى. 9 ئاندىن يەھويادا كاھىن داۋۇت پادىشاھنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ساقلاقلىق نەيزە ۋە قالقان-سىپارلىرىنى
يۈزبېشىلارغا تارقىتىپ بەردى. 10 ئۇ يەنە كۆپچىلىكنى، ھەربىرى
قولىغا ئۆز نەيزىسىنى تۇتقان ھالدا، ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن
تارتىپ سول تەرىپىگىچە، قۇربانگاھ بىلەن ئىبادەتخانىنى بويلاپ
پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا تۇرغۇزدى. 11 ئاندىن ئۇلار شاھزادىنى ئېلىپ
چىقىپ، ئۇنىڭ بېشىغا تاجنى كىيگۈزۈپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھنامىلەرنى
بېرىپ، ئۇنى پادىشاھ قىلدى؛ يەھويادا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى خۇشبۇي
ماي بىلەن ئۇنى مەسىھ قىلدى ۋە «پادىشاھ ياشىسۇن!» دەپ
توۋلاشتى.
12 ئاتالىيا خەلقلەرنىڭ چېپىشىپ يۈرگەنلىكىنى ۋە پادىشاھنى
تەرىپلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ،
كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كەلدى. 13 ئۇ قارىسا، مانا پادىشاھ ئۆيىنىڭ
دەرۋازىسىدا، تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا تۇراتتى؛ پادىشاھنىڭ يېنىدا

**7:23** ۋەھ. 1:14، 4، 5

ئەمەلدارلار بىلەن كانايچىلار تىزىلغانىدى، بارلىق يۇرتنىڭ خەلقى شادلىنىپ كاناي چېلىشاتتى، نەغمىچىلەر ھەرخىل سازلارنى چېلىپ، جامائەتنى باشلاپ مەدھىيە ئوقۇتۇۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئاتالىيا كىيىملىرىنى يىرتىپ: ــ ئاسىيلىق، ئاسىيلىق! ــ دەپ ۋارقىرىدى.
[14] ئەمما يەھويادا كاھىن قوشۇنغا مەسئۇل بولغان يۈزبېشىلارنى چاقىرتىپ ئۇلارغا: ــ ئۇنى سەپلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدىن سىرتقا چىقىرىۋېتىڭلار؛ كىمدەكىم ئۇنىڭغا ئەگەشسە قىلىچلانسۇن، دەپ بۇيرۇدى. چۈنكى كاھىن: ــ ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئىچىدە ئۆلتۈرمەڭلار، دەپ ئېيتقانىدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ بەردى؛ ئۇ ئوردىنىڭ «ئات دەرۋازىسى» بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرگەندە لەشكەرلەر ئۇنى شۇ يەردە ئۆلتۈردى.
[16] يەھويادا، پۈتكۈل جامائەت ۋە پادىشاھ بىرلىكتە: «پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى بولايلى» دېگەن بىر ئەھدىنى تۈزۈشتى. [17] ئاندىن بارلىق خەلق بائالنىڭ بۇتخانىسىغا بېرىپ ئۇنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ ئۇنىڭ قۇربانگاھلىرى بىلەن مەبۇدلىرىنى چېقىپ پارە-پارە قىلىپ، بائالنىڭ كاھىنى ماتتاننى قۇربانگاھلارنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈردى.
[18] ئاندىن كېيىن يەھويادا كاھىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى لاۋىي قەبىلىسىنىڭ كاھىنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. كاھىنلارنى بولسا، ئەسلىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا نۆۋەت بىلەن قاراشقا، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇشقا داۋۇت تەيىنلىگەنىدى. ئۇلار قۇربانلىقلارنى داۋۇتنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە، خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە نەغمە-ناۋا ئوقۇغان ھالدا مۇساغا تاپشۇرۇلغان تەۋرات-قانۇنىدا پۈتۈلگىنىدەك سۇنۇشقا مەسئۇل ئىدى. [19] يەھويادا يەنە پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ ھەرقايسى دەرۋازىلىرىغا دەرۋازىۋەنلەرنى تەيىنلىدىكى،

15:23 **«...ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ بەردى»** ــ بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنى قولغا ئالدى».

ھەرقانداق ئىشلاردىن ناپاك قىلىنغان ئادەملەر كىرگۈزۈلمەيتتى. [20] ئۇ
يەنە يۈزبېشىلىرى، ئاقسۆڭەكلەر، خەلق ئىچىدىكى يولباشچىلار ۋە
يۇرتنىڭ ھەممە خەلقىنى باشلاپ كېلىپ، پادىشاھنى پەرۋەردىگار
ئۆيىدىن ئېلىپ چۈشۈپ، «يۇقىرىقى دەرۋازا» ئارقىلىق ئوردىغا
ئەكىرىپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى.
[21] يۇرتنىڭ بارلىق خەلقى شادلىناتتى؛ ئۇلار ئاتالىيانى قىلىچلاپ
ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، شەھەر تىنچ بولۇپ قالدى.

## يوئاش ـ يەنى يەھوئاش ـ يەھۇداغا سەلتەنەت قىلىدۇ

2پاد. 12:1-22

24 [1] يوئاش تەختكە چىققان چېغىدا يەتتە ياشتا ئىدى، ئۇ
يېرۇسالېمدا قىرىق يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ
ئىسمى زىبىياھ بولۇپ، بەئەر-شېبالىق ئىدى. [2] يەھويادا كاھىن ھايات
كۈنلىرىدە يوئاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلاتتى.
[3] يەھويادا ئۇنىڭغا ئىككى خوتۇن ئېلىپ بەردى، ئۇ بىرقانچە ئوغۇل-
قىز پەرزەنت كۆردى.
[4] شۇنىڭدىن كېيىن يوئاش پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى قايتا ياستىش
نىيىتىگە كەلدى، [5] ئۇ كاھىنلارنى ۋە لاۋىيلارنى يىغىپ ئۇلارغا: ـ
خۇدايىڭلارنىڭ ئۆيىنى ئوڭلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدا شەھەرلىرىگە
بېرىپ، بارلىق ئىسرائىللاردىن يىللىق ئىئانە توپلاڭلار؛ بۇ ئىشنى
تېزدىن بېجىرىڭلار! ـ دېدى. لېكىن لاۋىيلار بۇ ئىشنى بېجىرىشكە
ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى. [6] بۇنى ئۇققان پادىشاھ باش كاھىن يەھويادانى

1:24 **«يوئاش»** ــ «يەھوئاش»نىڭ باشقا شەكلى.
2:24 **«يەھويادا ... ھايات كۈنلىرىدە يوئاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلاتتى»** ــ بۇ سۆزگە قارىغاندا، يوئاش يەھويادا ئۆلگەندىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتتى؛ ۋە دەرۋەقە شۇنداق بولدى («2تار.» 24:17-27نى كۆرۈڭ).
5:24 **«خۇدايىڭلارنىڭ ئۆيىنى ئوڭلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ....، بارلىق ئىسرائىللاردىن يىللىق ئىئانە توپلاڭلار»** ــ ياكى «ھەر يىلى خۇدايىڭلارنىڭ ئۆيىنى ئوڭلىتىش ئۈچۈن... بارلىق

**چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: ــ ئۆزلىرى نېمىشقا لاۋىيلارغا پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى مۇسا ئىسرائىل جامائىتىگە خۇدانىڭ گۇۋاھلىقى ساقلاقلىق چېدىر ئۈچۈن بەلگىلىگەن باجنى يەھۇدا ۋە يېرۇسالېمدىن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇمىدىلا؟ ــ دېدى [7](چۈنكى ئەسلىدە رەزىل خوتۇن ئاتالىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى خۇدانىڭ ئۆيىگە بۆسۈپ كىرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق مۇقەددەس بۇيۇملارنى ئېلىپ بائال بۇتلىرىغا ئاتاپ تەقدىم قىلىۋەتكەنىدى).**
**[8]شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىر ساندۇق ياستىپ پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا قويغۇزدى؛ [9]ئاندىن: «خۇدانىڭ قۇلى مۇسا چۆلدە ئىسرائىللارنىڭ ئۈستىگە بېكىتكەن باجنى يىغىپ ئەكىلىپ پەرۋەردىگارغا تاپشۇرۇڭلار» دېگەن بىر ئۇقتۇرۇش يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېم تەۋەسىدە چىقىرىلدى. [10]بارلىق ئەمەلدارلار ۋە بارلىق خەلق خۇشال ھالدا باجنى ئەكىلىپ ساندۇق تولغۇچە ئۇنىڭغا تاشلىدى. [11]لاۋىيلار پۇل ساندۇقىنى پادىشاھ بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلغان كىشىنىڭ ئالدىغا ئەكەلگەنىدە، ئۇلار باج پۇلىنىڭ كۆپ چۈشكەنلىكىنى كۆرسە، ئاندىن پادىشاھنىڭ كاتىپى بىلەن باش كاھىننىڭ ئادىمى كېلىپ پۇل ساندۇقىنى ئۆڭتۈرۈپ قۇرۇقدىغاندىن كېيىن، يەنە ئەسلى ئورنىغا ئاپىرىپ قوياتتى. ھەركۈنى شۇنداق بولۇپ تۇردى؛ ناھايىتى كۆپ پۇل يىغىلدى. [12]پادىشاھ بىلەن يەھويادا پۇلنى پەرۋەردىگار ئۆيىدىكى ئىش بېجىرگۈچىلەرگە تاپشۇردى؛ ئۇلار** بۇنىڭ بىلەن **پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئوڭشاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاشچىلار بىلەن ياغاچچىلارنى، تۆمۈرچىلەر بىلەن مىسكەرلەرنى ياللىدى. [13]ئىشلەمچىلەر توختىماي ئىشلىدى، ئوڭشاش ئىشى ئۇلارنىڭ قولىدا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى؛ شۇنداق**

ئىسرائىللاردىن ئىئانە توپلاڭلار».
6:24 **«خۇدانىڭ گۇۋاھلىقى ساقلاقلىق چېدىر»** ــ ياكى «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى» ــ «ئىبادەت چېدىرى»نىڭ باشقا بىر ئاتالغۇسى. **«پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى مۇسا ... خۇدانىڭ گۇۋاھلىقى ساقلاقلىق چېدىر ئۈچۈن بەلگىلىگەن باج...»** ــ مۇسانىڭ بۇ بۇيرۇقى توغرۇلۇق «مىس.» 11:30-16نى كۆرۈڭ.

قىلىپ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئەسلىدىكى ئۆلچەم-لاھىيەسى بويىچە ياسىدى، شۇنداقلا ئۇنى تولىمۇ پۇختا قىلىپ ياساپ چىقتى. [14] ئۇلار ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان پۇلنى پادىشاھ بىلەن يەھويادانىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ تاپشۇردى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈچۈن ھەرخىل ئەسۋاب-بۇيۇملارنى، جۈملىدىن ئىبادەت خىزمىتىدىكى ھەرخىل بۇيۇملار، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك قاچا-قۇچا، قازان-تەخسىلەر ۋە ھەرخىل ئالتۇن-كۈمۈش باشقا بۇيۇملارنى ياساتتى. يەھويادانىڭ بارلىق كۈنلىرىدە، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى دائىم سۇنۇپ تۇردى.

[15] يەھويادا قېرىپ، ياشايدىغان يېشى توشۇپ ئۆلدى؛ ئۇ ئۆلگەن چاغدا بىر يۈز ئوتتۇز ياشتا ئىدى. [16] ئۇلار ئۇنى «داۋۇت شەھىرى»دە پادىشاھلار قاتارىدا دەپنە قىلدى، چۈنكى ئۇ ئىسرائىلغا ھەم خۇداغا ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەنىدى. [17] يەھويادا ئۆلگەندىن كېيىن يەھۇدادىكى يولباشچىلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا باش ئۇردى؛ پادىشاھ ئۇلار كۆرسەتكەن مەسلىھەتنى ماقۇل كۆردى. [18] ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىن ۋاز كېچىپ، ئاشەراھ ۋە بۇتلارنىڭ قۇللۇقىغا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ گۇناھى سەۋەبلىك خۇدانىڭ غەزىپى يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلدى. [19] شۇنداق بولسىمۇ، پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۆزىگە ياندۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛ بۇ پەيغەمبەرلەر گەرچە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا قۇلاق سالمىدى. [20] ئۇ چاغدا خۇدانىڭ روھى باش كاھىن يەھويادانىڭ ئوغلى زەكەرىياغا چۈشتى، ئۇ خەلقنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇلارغا: ــ خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر نېمىشقا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلىسىلەر؟ سىلەر ھېچ راۋاجلىق كۆرمەيسىلەر، چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگاردىن ۋاز كەچتىڭلار ۋە ئۇمۇ سىلەردىن ۋاز كەچتى»، ــ دېدى.

[21] خالايىق زەكەرىيانى ئۈلتۇرۇشكە قەستلىدى؛ ئاخىر ئۇلار ئۇنى پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. [22] پادىشاھ يوئاش زەكەرىيانىڭ ئاتىسى يەھويادانىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن شەپقىتىنى ياد ئەتمەك تۇگۇل، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. زەكەرىيا جان ئۈزۈش ئالدىدا:
— پەرۋەردىگار بۇ ئىشنى نەزىرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالسۇن! — دېدى.

[23] شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا سۇرىيەنىڭ قوشۇنى يوئاشقا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى؛ ئۇلار يەھۇداغا ۋە يېرۇسالېمغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، خەلق ئىچىدىكى يولباشچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلاردىن ئالغان پۈتۈن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى دەمەشق پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. [24] دەرۋەقە سۇرىيە قوشۇنىدىن پەقەت ئاز بىر قىسىم ئەسكەرلەر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەھۇدالار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگاردىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن پەرۋەردىگار چوڭ بىر قوشۇننى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى؛ ئۇلار يوئاشقا جازا ئىجرا قىلدى. [25] سۇرىيلەر يوئاشنى تاشلاپ كەتكەن چاغدا (چۈنكى ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قالغانىدى) ئۇنىڭ ئۆز خىزمەتكارلىرى باش كاھىن يەھويادانىڭ ئوغلىنىڭ قېنى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش كېرەك دەپ ئۇنى قەستلىدى؛ ئۇلار ئۇنى كارىۋىتىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ شۇ يول بىلەن ئۆلدى؛ كىشىلەر ئۇنى داۋۇت شەھىرىدە دەپنە قىلغىنى بىلەن، بىراق پادىشاھلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلمىدى. [26] ئۇنى قەستلىگەنلەر مۇنۇلار: — ئاممونىي ئايال شىمىياتنىڭ ئوغلى زاباد بىلەن موئابىي ئايال سىمرىتنىڭ ئوغلى يەھوزاباد ئىدى. [27] يوئاشنىڭ ئوغۇللىرى، ئۇنىڭغا قارىتىلغان قاتتىق ۋە نۇرغۇن ئاگاھ بېشارەتلەر، شۇنداقلا ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئۆيىنى يېڭىباشتىن سېلىشقا

---

25:24 **«چۈنكى ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قالغانىدى»** — ياكى «چۈنكى ئېغىر كېسەلگە چۈشكەنىدى». بەزى تەرجىمانلار «چۈنكى ئۇ ئېغىر يارىلانىدى» دەپ تەرجىمە قىلغىنى بىلەن، ئىبرانىي تېكىستتە ئېغىر بىر كېسەل كۆرسىتىلىدۇ. **«كاھىن يەھويادانىڭ ئوغلىنىڭ قېنى»** — ياكى «كاھىن يەھويادانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قېنى».

دائىر ئىشلىرى «پادىشاھلارنىڭ تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئىزاھلىرىغا پۈتۈلگەندۇر. يوئاشنىڭ ئوغلى ئامازىيا ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## ئامازىيا يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

2پاد. 14:1-22

25
[1] ئامازىيا تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى،
ئۇ يېرۇسالېمدا يىگىرمە توققۇز يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ
ئانىسىنىڭ ئىسمى يەھوئاددان بولۇپ، يېرۇسالېملىق ئىدى. [2] ئامازىيا
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغان ئىشلارنى قىلدى، لېكىن پۈتۈن
كۆڭلى بىلەن قىلمىدى. [3] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ پادىشاھلىقىنى
مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن پادىشاھ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن
خىزمەتكارلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. [4] لېكىن مۇساغا چۈشۈرۈلگەن
قانۇن كىتابىدا پەرۋەردىگارنىڭ: «نە ئاتىلارنى ئوغۇللىرى ئۈچۈن
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشقا بولمايدۇ نە ئوغۇللىرىنى ئاتىلىرى ئۈچۈن
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ھەربىرى ئۆز گۇناھى
ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن» دەپ پۈتۈلگەن ئەمرى بويىچە، ئۇ
ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ باللىرىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمىدى.
[5] ئامازىيا يەھۇدالارنى يىغىپ، جەمەتلىرىگە قاراپ پۈتۈن يەھۇدالارنى
ۋە بىنيامىنلارنى مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلار ئاستىغا بېكىتتى؛ ئۇ
ئۇلاردىن يىگىرمە ياشتىن ئاشقانلارنىڭ سانىنى ئېلىۋىدى، جەڭگە
چىقالايدىغان، قولىغا نەيزە ۋە قالقان ئالالايدىغان خىل لەشكەردىن
ئۈچ يۈز مىڭ ئادەم چىقتى. [6] ئۇ يەنە بىر يۈز تالانت كۈمۈش سەرپ
قىلىپ ئىسرائىلدىن يۈز مىڭ باتۇر جەڭچى ياللىۋالدى.

---

27:24 **«پادىشاھلارنىڭ تەزكىرىلىرى»** — تەۋراتتىكى «پادىشاھلار» دېگەن كىتاب ئەمەس. چۈنكى تىلغا ئېلىنغان تەپسىلاتلار شۇ كىتابتا تېپىلمايدۇ.

6:25 **«بىر يۈز تالانت كۈمۈش»** — 100 تالانت كۈمۈش بەلكىم 3400 كىلوگرام كۈمۈش بولۇشى مۇمكىن.

7 لېكىن خۇدانىڭ بىر ئادىمى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ــ ئى پادىشاھىم،
ئىسرائىل قوشۇنىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارغۇزمىغايلا؛ چۈنكى
پەرۋەردىگار ئىسرائىللار ياكى ئەفرائىمىيلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن
بىللە ئەمەس. 8 ھەتتا سىلى چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، باتۇرانە كۈرەش
قىلىمەن دېسىلىمۇ، خۇدا ئۆزلىرىنى دۈشمەن ئالدىدا يىقىتىدۇ،
چۈنكى خۇدا ئىنسانغا ياردەم بېرىشكىمۇ قادىردۇر، ئىنسانىنى
يىقىتىشقىمۇ قادىردۇر، دېدى.
9 ئامازىيا خۇدانىڭ ئادىمىگە: ــ ئەمىسە مەن ئىسرائىلنىڭ ياللانما
قوشۇنىغا بەرگەن يۈز تالانت كۈمۈشنى قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ــ
دەپ سورىۋىدى، خۇدانىڭ ئادىمى ئۇنىڭغا: ــ پەرۋەردىگار ئۆزلىرىگە
بۇنىڭدىنمۇ زىيادە كۆپ بېرىشكە قادىردۇر، دەپ جاۋاب بەردى.

10 شۇنىڭ بىلەن ئامازىيا ئەفرائىمدىن ئۆزىگە كەلتۈرۈلگەن
ياللانما قوشۇننى ئايرىپ چىقىپ، ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋەتتى؛ شۇ
سەۋەبتىن ئۇلار يەھۇدالارغا بەك غەزەپلىنىپ، قاتتىق قەھر ئىچىدە
ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى. 11 ئامازىيا جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ،
ئۆزىنىڭ خەلقىنى باشلاپ «شور ۋادىسى»غا بېرىپ سېئىرلاردىن ئون
مىڭ ئادەمنى يوقاتتى. 12 يەھۇدالار يەنە ئون مىڭ ئادەمنى تىرىك
تۇتۇۋېلىپ، تىك يارنىڭ لېۋىغا ئاپىرىپ، ياردىن ئىتتىرىۋىدى،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارە-پارە قىلىنىپ تاشلاندى. 13 ھالبۇكى، ئامازىيا
ئۆزى بىلەن بىللە جەڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلماي قايتۇرۇۋەتكەن
ياللانما ئەسكەرلەر سامارىيەدىن بەيت-ھورۇنغىچە بولغان يەھۇدانىڭ
ھەرقايسى شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئۈچ مىڭ ئادەمنى
قىرىپ تاشلىدى ھەم نۇرغۇن مال-مۈلۈكنى بۇلاپ كەتتى.
14 لېكىن شۇنداق بولدىكى، ئامازىيا ئېدوميلارنى مەغلۇپ قىلىپ
قايتىپ كەلگەن چاغدا ئۇ سېئىرلارنىڭ بۇتلىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىپ،

11:25 **«ئامازىيا جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ...»** ــ ياكى «ئامازىيا ئۆزىنى كۈچەيتىپ،...».
**«سېئىر»** ــ ئېدومنىڭ ئىككىنچى ئىسمى.

ئۇلارنى ئۆزى ئۇچۇن مەبۇد قىلىپ، ئۇلارغا باش ئۇردى ۋە ئۇلارغا خۇشبۇي ياقتى. [15] شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئامازىياغا قوزغالدى، ئۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: ــ ئۆز خەلقىنى سېنىڭ قولۇڭدىن قۇتقۇزالمىغان بۇ خەلقنىڭ ئىلاھلىرىنى زادى نېمە دەپ ئىزدەيسەن؟ ــ دېدى. [16] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ پادىشاھقا تېخى سۆز قىلىۋاتقاندا، پادىشاھ ئۇنىڭغا: ــ بىز سېنى پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ تىكلىگەنمۇ؟ قوي، بۇ گېپىڭنى! ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ نېمە؟ ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر گەپتىن توختىدى-دە، يەنە: ــ بۇ ئىشنى قىلغىنىڭ ھەم نەسىھەتىمگە قۇلاق سالمىغىنىڭ ئۇچۇن پەرۋەردىگار سېنى يوقىتىشنى قارار قىلدى، دەپ بىلىمەن، ــ دېدى.

[17] شۇنىڭدىن كېيىن ئامازىيا مەسلىھەتلىشىپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھۇنىڭ نەۋرىسى، يەھوئاھازنىڭ ئوغلى يوئاشنىڭ ئالدىغا ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇپ: «قېنى، جەڭ مەيدانىدا يۈز تۇرانە كۆرۈشەيلى» دېدى.

[18] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىياغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇنداق سۆزلەرنى يەتكۈزدى: «لىۋاندىكى تىكەن لىۋاندىكى كېدىر دەرىخىگە سۆز ئەۋەتىپ: «ئۆز قىزىڭنى ئوغلۇمغا خوتۇنلۇققا بەرگىن!» ــ دېدى. لېكىن لىۋاندىكى بىر ياۋايى ھايۋان ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تىكەننى دەسسىۋەتتى.

[19] سەن دەرۋەقە ئېدومنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىڭ؛ كۆڭلۈڭدە ئۆز-ئۆزۈڭدىن مەغرۇرلىنىپ ياىراپ كەتتىڭ. ئەمدى ئۆيۈڭدە قالغىنىڭ ياخشى؛ نېمىشقا بېشىڭغا كۈلپەت كەلتۈرۈپ، ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزۈڭ بىلەن يەھۇدانى بالاغا يىقىتىسەن؟»».

14:25 **«...ئۇلارغا خۇشبۇي ياقتى»** ــ ياكى «...ئۇلارغا قۇربانلىقلارنى كۆيدۈردى».

16:25 **«...مەسلىھەتچىسى.. نەسىھەتىمگە ...قارار قىلدى.. مەسلىھەتلىشىپ 17»** ــ ھەممىسى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر.

19:25 **«سەن دەرۋەقە ... ياىراپ كەتتىڭ. ... نېمىشقا ... ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزۈڭ بىلەن يەھۇدانى بالاغا يىقىتىسەن؟»** ــ يەھوئاش ئېيتقان تەمسىلنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: «سەن

[20] ئەمما ئامازىيا قۇلاق سالمىدى. بۇ ئىش خۇدادىن كەلدى؛ چۈنكى
ئۇلار ئېدومنىڭ ئىلاھلىرىنى ئىزدىگەنىدى، خۇدا ئۇلارنى يوئاشنىڭ
قولىغا چۈشسۇن دەپ ئەنە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى. [21] شۇنىڭ
بىلەن ئىسرائىل پادىشاھى يوئاش جەڭگە ئاتلىنىپ چىقتى؛ ئىككى
تەرەپ، يەنى ئۇ يەھۇدا پادىشاھى ئامازىيا بىلەن بەيت-شەمەشتە،
جەڭ مەيدانىدا يۈز تۇرانە ئۇچراشتى. [22] يەھۇدانىڭ ئادەملىرى
ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىنىپ، ھەربىرى
ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كەتتى.
[23] ئىسرائىل پادىشاھى يوئاش بەيت-شەمەشتە يەھوئاھازنىڭ
نەۋرىسى، يوئاشنىڭ ئوغلى يەھۇدا پادىشاھى ئامازىيانى ئەسىر
قىلىپ يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى؛ ۋە ئۇ يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنىڭ
ئەفرائىم دەرۋازىسىدىن تارتىپ بۇرجەك دەرۋازىسىغىچە بولغان تۆت
يۈز گەزلىك بىر بۆلىكىنى ئۆرۈۋەتتى.
[24] ئۇ خۇدانىڭ ئۆيىدە، ئوبەد-ئېدوم مەسئۇل بولۇپ ساقلاۋاتقان ۋە
پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى خەزىنىدىن تېپىلغان بارلىق ئالتۇن-
كۈمۈش، قاچا-قۇچىلارنى بۇلىۋالدى ۋە كېپىللىك سۈپىتىدە
بىرنەچچە تۇتقۇننى ئېلىپ سامارىيەگە يېنىپ كەتتى. [25] ئىسرائىل
پادىشاھى يەھوئاھازنىڭ ئوغلى يوئاش ئۆلگەندىن كېيىن، يوئاشنىڭ
ئوغلى، يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا ئون بەش يىل ئۆمۈر كۆردى.
[26] ئامازىيانىڭ قالغان ئەمەللىرى بولسا، مانا ئۇلارنىڭ ھەممىسى

پەقەت بىر تىكەندۇرسەن، ئۆزۈم كېدىردەك ئۇلۇغ ئادەممەن، ئۆزۈڭگە ئۈنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمە. سېنىڭ ئۇلۇغ پىلانىڭ ھەرتۈرلۈك تاسادىپىيلىقتىن مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن» دېگەندەك. گەرچە يەھوئاش پادىشاھنى «بۆتىپەرەس كاپىر» دەپ ھېسابلىغىلى بولسىمۇ، مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ نەسىھەتى توغرا ئىدى.

23:25 **«يەھوئاھاز»** — «ئاھازىيا»نىڭ باشقىچە ئېيتىلىنىشى. بۇ يەھوئاھاز (ئاھازىيا) يەھۇدا پادىشاھى، 25-ئايەتتىكى «يەھوئاھاز» ئەمەس. **«تۆت يۈز گەزلىك بىر بۆلىكى...»** — تەۋراتتا «گەز» (ياكى «جەينەك») قولنىڭ جەينەكتىن بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى، يەنى 0.454 مېتر ئۇزۇنلۇق ئىدى.

25:25 **«ئىسرائىل پادىشاھى يەھوئاھازنىڭ ئوغلى يوئاش ئۆلگەندىن كېيىن، ... ئامازىيا ئون بەش يىل ئۆمۈر كۆردى»** — 23-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

باشتىن ئاخىرىغىچە «يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ
تارىخنامىسى»دا پۈتۈلگەن ئەمەسمىدى؟
27 ئامازىيا پەرۋەردىگاردىن ۋاز كەچكەندىن باشلاپلا يېرۇسالېمدا
بەزىلەر ئۇنى قەستلەشكە كىرىشكەندى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ لاقىش
شەھىرىگە قېچىپ كەتتى؛ لېكىن قەستلىگۈچىلەر كەينىدىن
لاقىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ يەردە ئۇنى ئۆلتۈردى.
28 ئاندىن ئۇلار ئۇنى ئاتلارغا ئارتىپ يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى. ئۇ
يېرۇسالېمدا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا «يەھۇدانىڭ شەھىرى»دە
دەپنە قىلىندى.

## ئۇززىيا يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

2پاد. 15:1-7

26 1 يەھۇدانىڭ بارلىق خەلقى ئۇنىڭ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن
ئوغلى ئۇززىيانى تىكلەپ، ئۇنى ئاتىسى ئامازىيانىڭ ئورنىدا
پادىشاھ قىلدى 2 (پادىشاھ ئاتىسى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا
ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئېلات شەھىرىنى قايتىدىن ياساپ، يەھۇداغا
يەنە تەۋە قىلغۇچى دەل ئۇززىيا ئىدى).
3 ئۇززىيا تەختكە چىققان چېغىدا ئون ئالتە ياش ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا
جەمئىي ئەللىك ئىككى يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ
ئىسمى يەكولىيا بولۇپ، يېرۇسالېملىق ئىدى. 4 ئۇ ئاتىسى ئامازىيانىڭ

26:25 **«يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخنامىسى»** — مۇمكىنچىلىكى باركى، بۇ كىتاب تەۋراتتىكى «پادىشاھلار»دۇر.

28:25 **«يەھۇدانىڭ شەھىرى»** — بەلكىم «داۋۇتنىڭ شەھىرى»نى كۆرسىتىدۇ. «2پاد.» 20:14نى كۆرۈڭ.

1:26 **«ئۇززىيا»** — باشقا شەكلى «ئاھازىيا». «2پاد.» 21:14نى كۆرۈڭ.

2:26 **«پادىشاھ ... ئېلات شەھىرىنى قايتىدىن ياساپ، يەھۇداغا يەنە تەۋە قىلغۇچى دەل ئۇززىيا ئىدى»** — ياكى «ئاتىسى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىغاندىن كېيىن ئۇززىيا ئېلات شەھىرىنى ياساپ يەھۇداغا يەنە تەۋە قىلدى».

بارلىق قىلغانلىرىدەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى
قىلدى.
[5] خۇدا بەرگەن ئالامەت كۆرۈنۈشلەر بىلەن يورۇتۇلغان زەكەرىيا
ئۇززىياغا تەلىم بەرگەچكە، ئۇ هايات ۋاقتىدا ئۇززىيا خۇدانى ئىزدىدى؛
ۋە ئۇ پەرۋەردىگارنى ئىزدىگەن كۈنلەردە خۇدا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى
راۋان قىلدى. [6] ئۇ چىقىپ فىلىستىيلەرگە هۇجۇم قىلدى ۋە گاتنىڭ
سېپىلىنى، جابنەهنىڭ سېپىلىنى ۋە ئاشدودنىڭ سېپىلىنى
چاقتۇرۇۋەتتى. يەنە ئاشدود ئەتراپىدا، شۇنداقلا فىلىستىيلەر
ئارىسىدا بىرنەچچە شەھەر بەرپا قىلدى. [7] خۇدا ئۇنىڭ فىلىستىيلەر
ۋە گۇر-بائالدا تۇرۇۋاتقان ئەرەبلەر بىلەن مائونلارغا قارشى ئۇرۇشىغا
ياردەم بەردى. [8] ئاممونىيلار ئۇززىياغا ئولپان تۆلىدى؛ ئۇززىيا تولىمۇ
قۇدرەتلىك بولۇپ، نام-شۆھرىتى تاكى مىسىرنىڭ چېگرىسىغىچە
تارقالدى. [9] ئۇززىيا يېرۇسالېمدىكى «بۇرجەك دەرۋازىسى»دا، «جىلغا
دەرۋازىسى»دا ۋە سېپىلنىڭ قايرىلىدىغان يېرىدە مۇنارلار سالدى ۋە
ئۇلارنى ئاجايىپ مۇستەهكەم قىلدى. [10] ئۇ يەنە چۆللەردە بىرمۇنچە
كۆزەت مۇنارلىرىنى سالغۇزدى ۋە كۆپ قۇدۇقلارنى كولاتتى؛ چۈنكى
ئۇنىڭ شەفەلاھ تۈزلەڭلىكىدە ۋە ئېگىزلىكتە نۇرغۇن چارۋىسى بار
ئىدى؛ ئۇ يەنە تېرىقچىلىققا ئامراق بولغاچقا، تاغلاردا ۋە ئېتىز-
باغلاردا نۇرغۇن باغۋەنلەرنى ۋە ئۈزۈمچىلەرنى ياللاپ ئىشلەتتى.
[11] ئۇززىيانىڭ يەنە ئۇرۇشقا ماهىر قوشۇنى بار ئىدى. قوشۇن كاتىپ
يەئىيەل ۋە ئەمەلدار مائاسېياھ ئېنىقلىغان سانغا ئاساسەن
قىسىم-قىسىملار بويىچە بۆلۈنۈپ، پادىشاهنىڭ سەردارلىرىدىن
بىرى بولغان هانانىيانىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا سەپ بولۇپ
جەڭگە چىقاتتى. [12] بۇ باتۇر جەڭچىلەر ئىچىدىكى هەرقايسى جەمەت
باشلىرى جەمئىي ئىككى مىڭ ئالتە يۈز كىشى ئىدى. [13] ئۇلارنىڭ
يېتەكچىلىكى ئاستىدىكى قوشۇن جەمئىي ئۈچ يۈز يەتمىش
يەتتە مىڭ بەش يۈز بولۇپ، هەممىسى ئىشتا قابىل، جەڭدە ماهىر

10:26 **«ئېتىز-باغلاردا...»** ــ ياكى «كارمەلدە...». ئەمما كارمەل شىمالىي پادىشاهلىقتا.

ئىدى، ئۇلار پادىشاھقا ياردەملىشىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلالايتتى.
[14] ئۇززىيا پۈتكۈل قوشۇنىدىكى لەشكەرلىرىنى قالقان، نەيزە، دوبۇلغا، ساۋۇت، ئوقيا ۋە سالغىلار بىلەنمۇ قوراللاندۇرغانىدى. [15] ئۇ يەنە يېرۇسالېمدا ئۇستىلار ئىجاد قىلغان ئوق بېشى ۋە يوغان تاشلارنى ئاتقۇچى ئۈسكۈنىلەرنى ياسىتىپ، ئۇلارنى سېپىل مۇنارلىرىغا ۋە بۇرجەكلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ نام-شۆھرىتى يىراق-يىراقلارغا كەتكەنىدى، چۈنكى ئۇ ئالامەت ياردەملەرگە ئېرىشكەچكە، كارامەت قۇدرەت تاپقانىدى.

[16] لېكىن ئۇ كۈچەيگەندىن كېيىن، مەغرۇرلىنىپ كەتتى ۋە بۇ ئىش ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ باردى. ئۇ خۇداسى پەرۋەردىگارغا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، خۇشبۇيگاھ ئۈستىدە خۇشبۇي ياقمەن دەپ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىردى. [17] كاھىن ئازارىيا بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ باشقا كاھىنلىرىدىن سەكسەن ئەزىمەت ئۇنىڭ ئارقىدىن كىردى؛ [18] ئۇلار پادىشاھ ئۇززىيانى توسۇپ: — ئى ئۇززىيا، پەرۋەردىگارغا خۇشبۇي يېقىش ساڭا تەۋە ئىش ئەمەس، بەلكى خۇشبۇي يېقىشقا مۇقەددەس خىزمەتكە ئاتالغان كاھىنلار بولغان، ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپتۇر؛ مۇقەددەسخانىدىن چىققىن، چۈنكى ئىتائەتسىزلىك قىلىپ قويدۇڭ؛ سەن خۇدا پەرۋەردىگاردىن ئىززەت تاپالمايدىغان بولۇپ قالىسەن، دېدى.

[19] ئۇززىيا قاتتىق غەزەپلەندى؛ ئۇ خۇشبۇي ياققىلى تۇرغان ھالەتتە، قولىدا بىر خۇشبۇيدانىنى تۇتۇپ تۇراتتى؛ ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى خۇشبۇيگاھنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كاھىنلارغا غەزەپلىنىۋاتقان چاغدا، كاھىنلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ پېشانىسىغا ماخاۋ ئۆرلەپ چىقتى. [20] باش كاھىن ئازارىيا بىلەن باشقا كاھىنلار قارىسا، مانا، بىردىنلا ئۇنىڭ پېشانىسىغا ماخاۋ ئۆرلەپ چىققانىدى؛ ئۇلار دەرھال ئۇنى چىقىرىۋېتىشكە ئىتتەردى؛ ئۇ ئۆزىمۇ چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنى ئۇرغانىدى. [21] پادىشاھ ئۇززىيانى تاكى ئۆلگۈچە ماخاۋ كېسىلى چىرمىۋالدى؛ ئۇ ماخاۋ كېسىلى

بولغاچقا، ئايرىم بىر ئۆيدە تۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن مەھرۇم قىلىندى. ئۇنىڭ ئوغلى يوتام ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، يۇرت سورىدى. [22] ئۇززىيانىڭ باشقا ئەمەللىرى بولسا باشتىن ئاخىرىغىچە ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغاندۇر. [23] ئۇززىيا ئۆزىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى؛ بەزىلەر: ــ «ئۇ ماخاۋ بولغان ئادەم» دېگەچكە، ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى قاتارىدا ياتقۇزۇلغان بولسىمۇ، پادىشاھلار قەبرىستانلىقىغا تەۋە چەترەك بىر يەرلىككە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى يوتام ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## يوتام يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

2پاد.15:32-38

27 [1] يوتام تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى؛
ئۇ يېرۇسالېمدا ئون ئالتە يىل سەلتەنەت قىلدى؛ ئۇنىڭ
ئانىسىنىڭ ئىسمى يەرۇشا بولۇپ، زادوكنىڭ قىزى ئىدى. [2] ئۇ ئاتىسى
ئۇززىيانىڭ بارلىق قىلغانلىرىدەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس
بولغاننى قىلدى (لېكىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەسخانىسىغا
كىرمىدى). لېكىن خەلق يەنىلا بۇزۇق ئىشلارنى قىلىۋەردى.
[3] پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ يۇقىرىقى دەرۋازىسىنى ياساتقۇچى يوتام ئىدى؛
ئۇ يەنە ئوفەلدىكى سېپىلدىمۇ نۇرغۇن قۇرۇلۇشلارنى قىلدى. [4] ئۇ
يەھۇدانىڭ تاغلىق رايونىدا شەھەرلەرنى بىنا قىلدى، ئورمانلىقلاردىمۇ
قەلئە-قورغانلار ۋە كۆزەت مۇنارلىرىنى ياساتتى. [5] ئۇ ئاممونىيلارنىڭ
پادىشاھى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى يەڭدى؛ شۇ يىلى ئاممونىيلار

---

21:26 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن مەھرۇم قىلىندى»** ــ ماخاۋ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار «ناپاك» دەپ ھېسابلىنىپ، مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا كىرىشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايتتى.

3:27 **«ئوفەل»** ــ كونا يېرۇسالېمدىكى بىر قىسىم ئېگىز رايون ئىدى.

ئۈنىڭغا ئۈچ تالانت كۈمۈش، مىڭ توننا بۇغداي، مىڭ توننا ئارپا
ئولپان بەردى؛ ئاممونىيلار ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى يىلىمۇ ئۈنىڭغا
ئوخشاش ئولپان ئىلىپ كەلدى. 6 يوتام خۇداسى پەرۋەردىگار ئالدىدا
يوللىرىنى توغرا قىلغىنى ئۈچۈن قۇدرەت تاپتى.
7 يوتامنىڭ قالغان ئىشلىرى، جۈملىدىن قىلغان جەڭلىرى ۋە تۇتقان
يوللىرىنىڭ ھەممىسى مانا «يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ
تارىخنامىسى»دا پۈتۈلگەندۇر. 8 ئۇ تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە
بەش ياشتا ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا ئون ئالتە يىل سەلتەنەت قىلدى.
9 يوتام ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى ۋە «داۋۇتنىڭ شەھىرى»گە
دەپنە قىلىندى؛ ئوغلى ئاھاز ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## ئاھاز يەھۇدا ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ

2پاد. 16:1-20

28 1 ئاھاز تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە ياشتا ئىدى؛ ئۇ
يېرۇسالېمدا ئون ئالتە يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇ ئاتىسى
داۋۇتقا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلماي،
2 بەلكى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ يولىغا كىرىپ ماڭدى؛ ئۇ
ھەتتا بائاللارغا ئاتاپ مەبۇدلارنى قۇيدۇردى؛ 3 پەرۋەردىگار ئىسرائىللار
زېمىنىدىن ھەيدەپ چىقارغان ئەللەرنىڭ يىرگىنچلىك گۇناھلىرىنى
دوراپ، ھىننوم جىلغىسىدا كۆجە كۆيدۈردى، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى
ئوتتىن ئۆتكۈزۈپ كۆيدۈردى؛ 4 يەنە «يۇقىرى جايلار»دا، دۆڭلەردە ۋە

5:27 **«ئۈچ تالانت كۈمۈش»** — بەلكىم 3400 كىلوگرام كۈمۈش ئىدى. **«مىڭ توننا بۇغداي»** — ئىبرانىي تىلدا «ئون مىڭ كور». بىر «كور» 220 لىتر بولۇشى مۇمكىن. **«مىڭ توننا ئارپا»** — ئىبرانىي تىلدا «ئون مىڭ كور». بىر «كور» 220 لىتر بولۇشى مۇمكىن.

7:27 **«يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخنامىسى»** — مۇمكىنچىلىكى باركى، بۇ كىتاب تەۋراتتىكى «پادىشاھلار»دۇر.

3:28 **«ھىننوم جىلغىسى»** — ئىبرانىي تىلدا «گە-ھىننوم»، ئەرەب تىلدا «جەھەننەم». بۇ يىرگىنچلىك جاي توغرۇلۇق «يەر.» 7:31-32نى ۋە ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈڭ. **«كۆجە كۆيدۈردى»**

ھەرقايسى كۆكەرگەن دەرەخ ئاستىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى ۋە كۈجە كۆيدۈردى. [5] شۇڭا، ئۇنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئۇنى سۈرىيە پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇردى؛ سۈرىيلەر ئۇنى تارمار كەلتۈرۈپ، يەھۇدادىن نۇرغۇن خەلقنى تۇتقۇن قىلىپ دەمەشققە ئېلىپ كەتتى. خۇدا يەنە ئۇنى ئىسرائىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇردى، ئىسرائىل پادىشاھى يەھۇدادا چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. [6] رەمالىيانىڭ ئوغلى پىكاھ يەھۇدادا بىر كۈن ئىچىدە بىر يۈز يىگىرمە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەزىمەتلەر ئىدى؛ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگاردىن ۋاز كەچكەنىدى. [7] زىكرى ئىسىملىك بىر ئەفرائىمىي ئەزىمەت بار ئىدى؛ ئۇ پادىشاھنىڭ ئوغلى مائاسىياھانى، ئوردىنىڭ باش غوجىدارى ئازرىكام ۋە پادىشاھنىڭ باش ۋەزىرى ئەلكاناھنى قەتل قىلدى. [8] ئىسرائىللار ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئىككى يۈز مىڭ ئايال، ئوغۇل-قىز باللارنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتتى؛ ئۇلار يەنە يەھۇدادىن نۇرغۇن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ سامارىيەگە ئەكەتتى.

[9] لېكىن ئۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ ئودەد ئىسىملىك بىر پەيغەمبىرى بار ئىدى؛ ئۇ سامارىيەگە قايتىپ كەلگەن قوشۇننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارغا: ــ قاراڭلار، ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار يەھۇدالارنى ئاچچىقىدا سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇردى ۋە سىلەر پەلەككە يەتكەن قەھرى-غەزەپ بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈردۈڭلار. [10] ئەمدى سىلەر يەنە يەھۇدالار بىلەن يېرۇسالېملىقلارنى مەجبۇرىي ئۆزۈڭلارغا قۇل-دىدەك قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر. لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارمۇ خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ-ئىتائەتسىزلىكلەر ئۆتكۈزدۈڭلارغۇ؟ [11] ئەمدى گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! قېرىنداشلىرىڭلاردىن تۇتقۇن قىلىپ كەلگەنلەرنى قايتۇرۇۋېتىڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپى بېشىڭلارغا چۈشەي دەپ قالدى، دېدى.

---

— ياكى «قۇربانلىقلارنى كۆيدۈردى». **«پەرزەنتلىرىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈپ كۆيدۈردى»** — بەلكىم ئاھازنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىنسان قۇربانلىقى قىلغانلىقىنى كۆرستىشى مۇمكىن.

[12] شۇنىڭ بىلەن ئەفرائىملارنىڭ بىرقانچە يولباشچىلىرى، يەنى يوھانانىنىڭ ئوغلى ئازارىيا، مەشىللىموتنىڭ ئوغلى بەرەكىيا، شاللۇمنىڭ ئوغلى ھەزەكىيا ۋە ھادلاينىڭ ئوغلى ئاماسا قوزغىلىپ جەڭدىن قايتىپ كەلگەن قوشۇننى توسۇۋېلىپ [13] ئۇلارغا:

- بۇ تۇتقۇنلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىرسەڭلار بولمايدۇ؛ بىزنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا گۇناھىمىز تۇرۇپ، يەنە تېخىمۇ كۆپ گۇناھلار ۋە ئىتائەتسىزلىكلەرنى ئايىنىتماقچىمۇسىلەر؟ چۈنكى بىزنىڭ ئىتائەتسىزلىكىمىز ھېلىمۇ ئىنتايىن ئېغىردۇر، ئىسرائىلنىڭ بېشىغا ئوتلۇق قەھر-غەزەپ چۈشەي دەپ قالدى، دېدى.

[14] شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر تۇتقۇنلار بىلەن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى يولباشچىلار ۋە پۈتكۈل جامائەت ئالدىدا قالدۇرۇپ قويدى. [15] يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر قوزغىلىپ، تۇتقۇنلارنى باشلاپ چىقتى، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ئىچىدىن كىيىم-كېچەك ۋە ئاياغلارنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يالىڭاچ، يالاڭ ئاياغ تۇرغانلارغا كىيگۈزۈپ، ھەممىسىنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن غىزالاندۇردى، ئۈستىباشلىرىنى مايلىدى، بارلىق ئاجىزلارنى ئېشەكلەرگە مىندۈرۈپ، ھەممىسىنى «خورما دەرەخلىرى شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان يېرىخوغا، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويدى، ئاندىن سامارىيەگە قايتتى.

[16] بۇ چاغدا ئاھاز پادىشاھ ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھلىرىغا ياردەم تىلەپ ئادەم ئەۋەتتى، [17] چۈنكى ئېدومىيلار يەنە يەھۇداغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ كەتكەنىدى. [18] فىلىستىيلەرمۇ شەفەلاھ تۈزلەڭلىكىدىكى ۋە يەھۇدانىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بەيت-شەمەش، ئايجالون، گەدەروت، سوكوھ ۋە سوكوھقا تەۋە يېزا-قىشلاقلارنى، تىمناھ ۋە تىمناھقا تەۋە يېزا-قىشلاقلارنى، گىمزو ۋە گىمزوغا تەۋە يېزا-قىشلاقلارنى ئىشغال قىلىپ، شۇ يەرلەرگە جايلاشقانىدى. [19] پەرۋەردىگار يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاھاز تۈپەيلىدىن يەھۇدانى خورلۇققا قالدۇردى؛ چۈنكى ئاھاز يەھۇدانى

ئىتائەتسىزلىكتە ئېزىقتۇردى ۋە ئۆزى پەرۋەردىگارغا ئېغىر ئاسىيلىق قىلدى. [20] ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى تىگلات-پىلنەسەر دەرۋەقە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، لېكىن ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈردى. [21] چۈنكى ئاھاز پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىن، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن، شۇنداقلا ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىدىن كۆپ مال-دۇنيانى چىقىرىپ، ئاسۇرىيە پادىشاھىغا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچ پايدىسى بولمىدى. [22] مۇشۇنداق ئىنتايىن مۈشكۈل پەيتتە بۇ پادىشاھ ئاھاز پەرۋەردىگار ئالدىدا تېخىمۇ ئېغىر قەبىھلىكتە چۆكۈپ كەتتى. [23] ئۇ ئۆزىنى مەغلۇپ قىلغان دەمەشقنىڭ ئىلاھلىرىغا قۇربانلىق سۇندى، چۈنكى ئۇ: «سۇرىيەنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئىلاھلىرى ئۇلارغا ياردەم قىلدى، شۇڭا مەنمۇ ئۇلارغا قۇربانلىق سۇنۇپ، ئۇلارنى ماڭىمۇ ياردەم بېرىدىغان قىلىمەن» دېدى. لېكىن ئەكسىچە بۇ بۇتلار ئۇنىڭ ئۆزىنى، شۇنداقلا بارلىق ئىسرائىللارنى ھالاكەتكە ئېلىپ باردى. [24] ئاھاز پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى ئەسۋاب-بۇيۇملارنى يىغىپ ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى كېسىپ-ئېزىپ پارە-پارە قىلىۋەتتى؛ ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىلىرىنى پېچەتلىۋەتتى. ھەم ئۆزى ئۈچۈن يېرۇسالېمنىڭ ھەربىر دوقمۇشىدا قۇربانگاھلارنى سالغۇزدى. [25] ئۇ يەنە يەھۇدانىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە باشقا ئىلاھلارغا خۇشبۇي يېقىش ئۈچۈن «يۇقىرى جايلار»نى سالغۇزدى، شۇنداق قىلىپ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى قوزغالدى. [26] مانا، ئۇنىڭ قالغان ئىشلىرى، جۈملىدىن بارلىق تۇتقان يوللىرى باشتىن-ئاخىرىغىچە «يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخنامىسى»دا پۈتۈلگەندۇر. [27] ئاھاز ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى؛ كىشىلەر ئۇنى يېرۇسالېم شەھىرىگە دەپنە قىلدى، لېكىن ئۇنى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ

---

23:28 **«ئۆزىنى مەغلۇپ قىلغان دەمەشقنىڭ ئىلاھلىرى»** ــ بۇ سۆزلەر ئاھازنىڭ ئويلىرى، ئەلۋەتتە؛ لېكىن مەلۇم تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇتپەرەسلىكى ئۇنى ھەقىقەتەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندى.

قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى ھەزەكىيا ئۇنىڭ ئورنىغا
پادىشاھ بولدى.

## ھەزەكىيا ھۆكۈم سۈرىدۇ؛ ئۇ مۇقەددەسخانىنى تازىلايدۇ

29 1 ھەزەكىيا تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە بەش ياشتا
ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا يىگىرمە توققۇز يىل سەلتەنەت
قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئابىيا بولۇپ، زەكەرىيانىڭ
قىزى ئىدى. 2 ھەزەكىيا ئاتىسى داۋۇت بارلىق قىلغانلىرىدەك،
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلدى. 3 ئۇ تەختكە
چىققان بىرىنچى يىلىنىڭ بىرىنچى ئېيىدا پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ
دەرۋازىلىرىنى ئاچتۇرۇپ، يېڭىباشتىن ياساتتى. 4 ئۇ كاھىنلار بىلەن
لاۋىيلارنى خۇدانىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ كېلىپ، ئالدىنقى ھويلىسىنىڭ
مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىگە يىغىپ، 5 ئۇلارغا: ــ ئى لاۋىيلار، گېپىمگە
قۇلاق سېلىڭلار؛ ئۆزۈڭلارنى خۇداغا ئاتاپ پاكىزلاڭلار ۋە ئاتا-
بوۋاڭلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئۇنىڭغا مۇقەددەس
قىلىپ پاكىزلاڭلار، مۇقەددەسخانىدىن بارلىق پاسكىنا نەرسىلەرنى
چىقىرىپ تاشلاڭلار. 6 چۈنكى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئاسىيلىق
قىلىپ، خۇدايىمىز پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلىپ،
ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتى، پەرۋەردىگارنىڭ تۇرالغۇسىدىن يۈزىنى ئۆرۈپ،
ئۇنىڭغا ئارقىنى قىلدى. 7 ئۇلار ئايۋانىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىۋەتكەن،
چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋەتكەن، خۇشبۇي ياقمىغانىدى ۋە مۇقەددەسخانىدا
ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا ھېچ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى سۇنمايدىغان
بولۇپ كەتكەنىدى؛ 8 شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى يەھۇدا
بىلەن يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، خۇددى ئۆز كۆزۈڭلار
بىلەن كۆرۈپ تۇرغىنىڭلاردەك، ئۇلارنى دەھشەتكە سېلىپ، ۋەھىمە
بولۇشقا ھەم زاڭلىق قىلىپ ئۇش-ئۇش قىلىنىدىغان ئوبيېكتكە

1:29 **«ئابىيا»** ــ ياكى «ئابى». «2پاد.» 18:2نى كۆرۈڭ.

ئايلاندۇرۇپ قويدى. [9] شۇ سەۋەبتىن ئاتا-بوۋىلىرىمىز قىلىچ ئاستىدا قالدى؛ ئوغۇل-قىزلىرىمىز ۋە خوتۇنلىرىمىزمۇ تۇتقۇن قىلىندى. [10] ئەمدى مەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنىڭ بىزدىن ياندۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىلىشىش نىيىتىگە كەلدىم. [11] ئى باللىرىم، غاپىل بولماڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرنى ئۆز ئالدىدا تۇرۇپ خىزمىتىدە بولۇشقا، ئۇنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ خۇشبۇي يېقىشقا تاللىغان، دېدى.

[12] شۇنىڭ بىلەن لاۋىيلاردىن تۆۋەندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى: — كوھاتلاردىن بولغان ئاماساينىڭ ئوغلى ماھات ۋە ئازارىيانىڭ ئوغلى يوئېل، مەرارىلاردىن ئابدىنىڭ ئوغلى كىش، يەھاللەلەلنىڭ ئوغلى ئازارىيا، گەرشونلاردىن زىممانىڭ ئوغلى يوئاھ، يوئاھنىڭ ئوغلى ئېدەن، [13] ئەلىزافاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن شىمرى بىلەن يەئىيەل، ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرىدىن زەكەرىيا بىلەن ماتتانىيا؛ [14] ھېماننىڭ ئەۋلادلىرىدىن يەھىيەل بىلەن شىمەي، يەدۇتۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن شېمايا بىلەن ئۆززىيەللەر. [15] ئۇلار قېرىنداشلىرىنى يىغىپ، ئۆزلىرىنى خۇداغا ئاتاپ پاكلىدى، پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى پاكىزلاشقا كىردى. [16] كاھىنلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىگە پاكىزلاشقا كىردى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس جايىدىن تاپقان بارلىق ناپاك-نىجىس نەرسىلەرنى پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ ھويلىسىغا توشۇپ چىقتى؛ ئاندىن ئۇلارنى لاۋىيلار ئېلىپ چىقىپ، شەھەر سىرتىدىكى كىدرون جىلغىسىغا ئاپىرىپ تۆكتى.

[17] ئۇلار بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ، ئۆينى قايتىدىن خۇداغا ئاتاپ پاكىزلاشقا كىرىشىپ، سەككىزىنچى كۈنى پەرۋەردىگار

---

8:29 **«ئۇلارنى دەھشەتكە سېلىپ، ۋەھىمە بولۇشقا ھەم زاڭلىق قىلىپ ئۈش-ئۈش قىلىندىغان ئوبيېكت...»** — ياكى «ئۇلارنى ئادەملەرگە دەھشەت سالىدىغان، قورقۇنچ باستۇرىدىغان ھەم زاڭلىق قىلىپ ئۈش-ئۈش قىلىندىغان ئوبيېكت».

11:29 **«...خۇشبۇي يېقىشقا...»** — ياكى «...قۇربانلىق قىلىشقا...».

**ئۆيىنىڭ ئايۋىنىغا چىقتى؛ ئۇلار يەنە سەككىز كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ پەرۋەردىگار ئۆيىنى پاكىزلاپ، بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنىگە كەلگەندە ئىشنى تۈگەتتى.**
**[18] ئاندىن ئۇلار ھەزەكىيا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ: — بىز پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكۈل ئۆيىنى، جۈملىدىن كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھىنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق قاچا-قۇچا، ئەسۋابلارنى، «تەقدىم نان» تىزىلىدىغان شىرەنى ۋە شىرە ئۈستىدىكى بارلىق قاچا-قۇچا، ئەسۋابلارنى پاكىزلىۋەتتۇق؛ [19] ئاھاز پادىشاھ تەختتىكى چېغىدا ئاسىيلىق قىلىپ تاشلىۋەتكەن بارلىق قاچا-قۇچا، ئەسۋابلارنى تەييارلاپ تەخ قىلىپ، پاكىزلاپ قويدۇق؛ مانا، ئۇلار ھازىر پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانگاھى ئالدىغا قويۇلدى، — دېدى.**
**[20] ھەزەكىيا پادىشاھ ئەتىگەندە تاڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ شەھەردىكى ئەمەلدارلارنى يىغىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چىقتى. [21] ئۇلار پادىشاھلىق ئۈچۈن، مۇقەددەسخانا ۋە پۈتۈن يەھۇدالار ئۈچۈن گۇناھ قۇربانلىقى قىلىشقا يەتتە بۇقا، يەتتە قوچقار، يەتتە قوزا ۋە يەتتە تېكە ئېلىپ كەلدى؛ پادىشاھ ھارۇن ئەۋلادلىرى بولغان كاھىنلارغا بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانگاھىغا سۇنۇشنى بۇيرۇدى.**
**[22] ئۇلار بۇقىلارنى بوغۇزلىدى، كاھىنلار قېنىنى ئېلىپ، قۇربانگاھقا سەپتى؛ ئاندىن ئۇلار قوچقارلارنىمۇ بوغۇزلاپ، قېنىنى قۇربانگاھقا سەپتى؛ قوزىلارنىمۇ بوغۇزلاپ، ئۇلارنىڭ قېنىنىمۇ قۇربانگاھقا سەپتى.**
**[23] ئاخىرىدا گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنىدىغان تېكىلەرنى پادىشاھ ۋە جامائەت ئالدىغا يېتىلەپ كېلىشىدى، پادىشاھ ۋە جامائەت قوللىرىنى تېكىلەر ئۈستىگە قويۇشتى. [24] كاھىنلار تېكىلەرنى بوغۇزلاپ، قېنىنى بارلىق ئىسرائىللارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كەچۈرۈم-كەفارەت سۈپىتىدە**

17:29 **«ئۇلار يەنە سەككىز كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ پەرۋەردىگار ئۆيىنى پاكىزلاپ...»** — ياكى «شۇنداق قىلىپ ئۇلار سەككىز كۈن ئىچىدە خۇدانىڭ ئۆيىنى (مۇقەددەس جايىنى) پاكىزلىغان بولدى...».

23:29 **«پادىشاھ ۋە جامائەت قوللىرىنى تېكىلەر ئۈستىگە قويۇشتى»** — «لاۋ.» 13:4-26نى كۆرۈڭ.

قۇربانگاھقا سەپتى؛ چۈنكى پادىشاھ: «كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە گۇناھ قۇربانلىقى بارلىق ئىسرائىللار ئۈچۈن سۇنۇلسۇن» دېگەنىدى.
[25] پادىشاھ يەنە لاۋىيلارنى پەرۋەردىگار ئۆيىدە داۋۇتنىڭ، داۋۇت پادىشاھنىڭ ئالدىن كۆرگۈچىسى گادنىڭ ۋە ناتان پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇغىنىدەك جاڭلار، تەمبۇر ۋە چىلتار قاتارلىق سازلارنى تۇتۇپ، سەپ بولۇپ تۇرۇشقا تەيىنلىدى (چۈنكى ئەسلىدە بۇ ئەمر پەرۋەردىگاردىن، ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تاپىلانغانىدى). [26] شۇنىڭ بىلەن لاۋىيلار داۋۇتنىڭ سازلىرىنى، كاھىنلار كانايلارنى تۇتقان ھالدا تۇرۇشتى. [27] ھەزەكىيا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانگاھ ئۈستىگە سۇنۇلسۇن، دەپ بۇيرۇدى. كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇلغان ھامان، پەرۋەردىگارغا ئاتالغان نەغمە-ناۋا قىلىنىشقا، كانايلار چېلىنىشقا ۋە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى داۋۇتنىڭ سازلىرى تەڭكەش قىلىنىشقا باشلىدى. [28] پۈتكۈل كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۆتكۈزۈلۈپ بولغۇچە، پۈتكۈل جامائەت سەجدىگە ئولتۇرۇشتى، نەغمە-ناۋاچىلار نەغمە-ناۋا قىلىشتى، كانايچىلار كاناي چېلىپ تۇردى. [29] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندا، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھازىر بولغانلارنىڭ ھەممىسى تىزلىنىپ سەجدە قىلىشتى. [30] ھەزەكىيا پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلار يەنە لاۋىيلارغا داۋۇتنىڭ ۋە ئالدىن كۆرگۈچى ئاسافنىڭ شېئىرلىرى بىلەن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇشنى بۇيرۇدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇشال-خۇراملىق بىلەن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇشۇپ، باش ئېگىپ سەجدە قىلىشتى.
[31] ھەزەكىيا: — سىلەر ئەمدى ئۆزۈڭلارنى پەرۋەردىگارغا مۇقەددەس بولۇشقا بېغىشلىغانىكەنسىلەر، ئالدىغا كېلىڭلار، قۇربانلىقلار، تەشەككۈر قۇربانلىقلىرىنى رەبنىڭ ئۆيىگە كەلتۈرۈپ سۇنۇڭلار، دېۋىدى، جامائەت قۇربانلىقلار ۋە تەشەككۈر قۇربانلىقلىرىنى كەلتۈرۈشتى؛ خالىغانلار كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى كەلتۈرۈشتى.

---

31:29 **«ئالدىغا كېلىڭلار، قۇربانلىقلار،...»** — مۇشۇ يەردە «قۇربانلىقلار» بەلكىم «ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى»نى كۆرسىتىدۇ. 32-36-ئايەتلەرگە قارىغاندا، «كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار» بۇ

[32] جامائەت ئېلىپ كەلگەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار تۆۋەندىكىچە: ــ يەتمىش بۇقا، يۈز قوچقار، ئىككى يۈز قوزا؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىقتا ئەكىلىنگەنىدى. [33] بۇلاردىن باشقا پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ئالتە يۈز بۇقا، ئۈچ مىڭ قويمۇ بار ئىدى. [34] كاھىنلار بەك ئاز بولغاچقا، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ماللىرىنىڭ تېرىسىنى سويۇشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى؛ شۇڭا لاۋىي قېرىنداشلىرى تاكى ماللار سويۇلۇپ بولغۇچە ھەم باشقا كاھىنلار ئۆزلىرىنى خۇداغا ئاتاپ پاكلاپ بولغۇچە ياردەملەشتى (چۈنكى لاۋىيلار ئۆزلىرىنى خۇداغا ئاتاپ پاكلاش ئىشىدا كاھىنلارغا نىسبەتەن بەكرەك ئىخلاسمەن ئىدى). [35] ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، شۇنداقلا ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ مېيى ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا قوشۇلغان شاراب ھەدىيەلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇنداق قىلىپ پەرۋەردىگار ئۆيىدىكى ئىبادەت خىزمەتلىرى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. [36] خۇدا ئۆز خەلقىگە بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ھەزەكىيا ۋە پۈتكۈل خەلق تولىمۇ خۇشال بولۇشتى؛ چۈنكى بۇ ئىشلار بەك تېزلا بىجىرىلىپ بولغانىدى.

## «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» يېڭىباشتىن تەبرىكلىنىدۇ

30 [1] ھەزەكىيا پۈتۈن ئىسرائىلغا ۋە يەھۇداغا ئادەم ئەۋەتىپ ھەممە ئەفرائىملار بىلەن ماناسسەھلەرگە خەت يېزىپ، ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنى سېغىنىپ «ئۆتۈپ كېتىش

---

ئىككى خىل قۇربانلىقلار (ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى ۋە تەشەككۈر قۇربانلىقلىرى)دىن سىرت ئىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى ۋە تەشەككۈر قۇربانلىقلىرىنى كاھىنلار بىلەن شۇ قۇربانلىقلارنى سۇنغۇچىلار يېيىشكە بولاتتى؛ «كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار» پۈتۈنلەي خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلەتتى.

33:29 **«پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ئالتە يۈز بۇقا، ئۈچ مىڭ قويمۇ...»** ــ بۇ ئايەتتىكى كالا-قويلار بەلكىم ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى ۋە تەشەككۈر قۇربانلىقلىرى سۈپىتىدە بېغىشلانغان بولۇشى مۇمكىن.

ھېيتى»نى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە
يىغىلىشنى چاقىردى [2](پادىشاھ، ئەمەلدارلىرى ۋە يېرۇسالېمدىكى
بارلىق جامائەت بىللە مەسلىھەتلىشىپ، ئىككىنچى ئايدا
ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزەيلى دەپ قارارغا كېلىشتى. [3]لېكىن
پاكلانغان كاھىنلار يېتىشمىگەچكە، خەلقمۇ يېرۇسالېمغا يىغىلىپ
بولمىغاچقا، ھېيتنى ۋاقتىدا ئۆتكۈزەلمىدى). [4]پادىشاھ ۋە پۈتكۈل
جامائەت بۇ پىلاننى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، دەپ قارىدى. [5]شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ بەئەر-شېبادىن دانغىچە بارلىق
خەلقىنى يېرۇسالېمغا كېلىپ، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنى
سېغىنىپ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشكە چاقىرىقنامە
ئەۋەتەيلى، دەپ بېكىتتى؛ چۈنكى ئۇلار ھېيتنى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن
بۇيان پۈتۈلگەن بەلگىلىمە بويىچە ئۆتكۈزۈلمىگەنىدى. [6]چاپارمەنلەر
پادىشاھ بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ خەتلىرىنى ئېلىپ، پۈتۈن ئىسرائىل ۋە
يەھۇدا يۇرتىنى كېزىپ، پادىشاھنىڭ يارلىقى بويىچە مۇنداق خەۋەرنى
جاكارلىدى: «ئى ئىسرائىللار، ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا يېنىپ كېلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار
ئۇ ئاسۇرىيە پادىشاھلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان قالدىڭلارنىڭ
يېنىغا يېنىپ كېلىدۇ. [7]ئاتا-بوۋاڭلار ۋە قېرىندىشىڭلارغا ئوخشاش
بولماڭلار؛ ئۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق
قىلغاچقا، ئۇ خۇددى سىلەر كۆرگەندەك ئۇلارنى خارابىچىلىككە
تاپشۇرغان. [8]ئاتا-بوۋاڭلارغا ئوخشاش بوينۇڭلارنى قاتتىق قىلماڭلار؛
پەرۋەردىگارنىڭ ئوتلۇق غەزىپىنىڭ سىلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى
ئۈچۈن، ئەمدى سىلەر پەرۋەردىگارغا بېقىنىڭلار، ئۇ مەڭگۈگە ئۆزىگە
خاس دەپ ئاتىغان مۇقەددەسخانىغا كېلىپ، خۇدايىڭلار بولغان
پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار. [9]ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارغا
قايتساڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ۋە بالا-چاقىلىرىڭلار ئۆزلىرىنى

---

5:30 **«بەئەر-شېبادىن دانغىچە پۈتكۈل ئىسرائىل»** — بەئەر-شېبا ئىسرائىلنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىدا، دان شىمالىي چېگرىسىدا ئىدى.

تۇتقۇن قىلغانلارنىڭ ئالدىدا رەھىم-ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ، بۇ يۇرتقا قايتىپ كېلىدۇ؛ چۈنكى خۇدايىڭلار بولغان پەرۋەردىگار شاپائەتلىك ۋە رەھىملىكتۇر؛ سىلەر ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتسەڭلار، ئۇ سىلەردىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ».

[10] چاپارمەنلەر شەھەرمۇ-شەھەر بېرىپ، تاكى زەبۇلۇنغىچە ئەفرائىم ۋە ماناسسەھنىڭ يۇرتلىرىنى كېزىپ چىقتى؛ لېكىن ئۇ يەردىكىلەر ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ مەسخىرە قىلاتتى. [11] ھالبۇكى، ئاشىر، ماناسسەھ ۋە زەبۇلۇنلاردىن بەزىلىرى ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ يېرۇسالېمغا كەلدى. [12] ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇدانىڭ قولى يەھۇدالارنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئۇلارنى بىر نىيەتتە پادىشاھنىڭ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ئاساسەن چىقارغان ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بىر جان بىر دىل قىلدى.

[13] شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى ئايدا نۇرغۇن كىشىلەر پېتىر نان ھېيتىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا يىغىلغانىدى؛ توپلانغان خەلق زور بىر تۈركۈم ئادەم ئىدى. [14] ئۇلار قوزغىلىپ يېرۇسالېم شەھىرىدىكى قۇربانگاھلارنى بۇزۇپ يوقىتىپ، ئىسرىقگاھلارنىمۇ ئېلىپ چىقىپ، كىدرون جىلغىسىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. [15] ئۇلار ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا ئاتالغان قوزىلارنى سويدى. كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار بۇنىڭغا قاراپ خىجىل بولۇپ، ئۆزلىرىنى خۇداغا مۇقەددەس بولۇشقا پاكلاپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشتى. [16] ئۇلار خۇدانىڭ ئادىمى بولغان مۇساغا چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىغا ئاساسەن، بەلگىلىمە بويىچە ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ تۇرۇشتى. كاھىنلار لاۋىيلارنىڭ قولىدىن قاننى ئېلىپ قۇربانگاھقا سەپتى. [17] جامائەت ئىچىدە پاكلىنىپ بولمىغانلار خېلى بولغاچقا، لاۋىيلار پاكلانمىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورنىدا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا بېغىشلانغان قوزىلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاش ئۈچۈن سويۇشقا مەسئۇل ئىدى. [18-19] چۈنكى ئەفرائىم ۋە ماناسسەھ،

13:30 **«پېتىر نان ھېيتى»** — «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» بىلەن باشلىنىدۇ.

ئىسساكار ۋە زەبۇلۇندىن كەلگەن كۆپىنچىسى، خېلى كۆپ بىر تۈركۈم كىشىلەر پاكلانماي تۇرۇپلا، تەۋرات بەلگىلىمىسىگە خىلاپ ھالدا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا ئاتاپ سويۇلغان قوزا گۆشلىرىنى يېيىشكە كىرىشتى؛ بىراق ھەزەكىيا ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلىپ: ـ كىمكى ئۆز ئاتا-بوۋىسىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنى چىن كۆڭلىدىن ئىزلەش نىيىتىگە كەلگەن بولسا، گەرچە ئۇلار مۇقەددەسخانىغا ئائىت پاكلىنىش بەلگىلىمىسىگە مۇۋاپىق پاك قىلىنمىسىمۇ، مېھرىبان پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئەپۇ قىلغاي، دېدى.

[20] پەرۋەردىگار ھەزەكىيانىڭ دۇئاسىغا قۇلاق سېلىپ خەلقنى ئەپۇ قىلدى. [21] يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقان ئىسرائىللار پېتىر نان ھېيتىنى يەتتە كۈن شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى؛ لاۋىيلار بىلەن كاھىنلار ھەر كۈنى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان مەدھىيە سازلىرى بىلەن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇشتى.

[22] ھەزەكىيا پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھىيلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ماھىر لاۋىيلارغا ئىلھام بېرىپ تۇردى؛ خەلق يەتتە كۈن ھېيت قۇربانلىقلىرىنى يېدى؛ ئۇلار ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇنۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلىدى.

[23] بارلىق جامائەت يەنە يەتتە كۈن ھېيت ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ، يەنە خۇشال-خۇراملىققا چۆمگەن ھالدا يەتتە كۈن ھېيت ئۆتكۈزدى. [24] چۈنكى يەھۇدانىڭ پادىشاھى ھەزەكىيا جامائەتكە مىڭ بۇقا ۋە يەتتە مىڭ قوي ھەدىيە قىلدى؛ ئەمەلدارلارمۇ جامائەتكە مىڭ بۇقا، ئون مىڭ قوي ھەدىيە قىلدى. نۇرغۇن كاھىنلار ئۆزلىرىنى خۇداغا ئاتاپ پاكلىدى. [25] پۈتكۈل يەھۇدا جامائىتى، كاھىنلار، لاۋىيلار، ئىسرائىلدىن چىققان بارلىق جامائەت، جۈملىدىن ئىسرائىلدا

---

18:30-19 **«ئۇلارنى ئەپۇ قىلغاي»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇلار ئۈچۈن كەچۈرۈم-كەفارەت قىلغاي»

20:30 **«خەلقنى ئەپۇ قىلدى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «خەلقنى ساقايتتى».

22:30 **«پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھىيلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىمى» ــ بۇ بىلىم ۋەھىي ئارقىلىق كەلگەچكە، «ۋەھىيلەر» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلار ھەممە يەھۇدادا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ ھەممىسى ئالامەت خۇشال بولۇشتى.[26] يېرۇسالېمنى غايەت زور خۇشاللىق كەيپىيات قاپلىدى؛ چۈنكى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ زامانىدىن بۇيان، يېرۇسالېمدا مۇنداق تەنتەنە بولۇپ باقمىغانىدى.[27] ئاخىردا لاۋىيلاردىن بولغان كاھىنلار ئورنىدىن قوپۇپ، خەلققە بەخت-بەرىكەت تىلىدى؛ ئۇلارنىڭ ساداسى خۇداغا ئاڭلاندى، دۇئاسى ئاسمانلارغا، ئۇنىڭ مۇقەددەس تۇرالغۇسىغا يەتتى.

31 [1] بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۈگىگەندىن كېيىن، بۇ يەردە ھازىر بولغان ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى يەھۇدانىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى «بۇت تۈۋرۈك»لەرنى چېقىپ، ئاشەراھ بۇتلىرىنى كېسىپ تاشلىۋەتتى؛ يەنە يەھۇدا ۋە بىنيامىن زېمىندا، شۇنداقلا ئەفرائىم ۋە ماناسسەھ زېمىنىنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىكى «يۇقىرى جايلار» ۋە قۇربانگاھلارنى، ھەممىسىنى بۇزۇپ يوقاتقۇچە سۆكۈپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز تەۋەلىكىگە، ئۆز شەھەرلىرىگە قايتىپ كېتىشتى.

## مۇقەددەسخانىنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى

[2] ھەزەكىيا كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنى نۆۋەت-گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ ھەرقايسىسىنى ئۆزىگە خاس خىزمىتىگە بېكىتىپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى سۇنۇپ، پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ ھويلىلىرىدا، ئىشىك-دەرۋازىلىرى ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەپ، پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر-مەدھىيە ئوقۇيدىغان

25:30 **«جۇملىدىن ئىسرائىلدا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلار ھەممە يەھۇدادا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ ھەممىسى...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «جۇملىدىن ئىسرائىلدىن چىققان، يەھۇدادا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ ھەممىسى...».

قىلدى. [3]پادىشاھ يەنە ئۆز مېلىدىن بىر ئۈلۈشنى ئېلىپ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بۇيرۇدى؛ بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات قانۇنىدا پۈتۈلگىنى بويىچە ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار، شابات كۈنى، يېڭى ئاي ۋە ھېيت-بايرام كۈنلىرىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ئۈچۈن ئايرىلدى. [4]پادىشاھ يەنە كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات قانۇنىنى چىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن، تەقدىم قىلىشقا تېگىشلىك ئۈلۈشنى ئۇلارغا بېرىشلار، دەپ يېرۇسالېمدا تۇرۇشلۇق خەلققە بۇيرۇدى. [5]بۇ بۇيرۇق چىقىرىلىشى بىلەنلا، ئىسرائىللار ھوسۇل-مەھسۇلاتلىرىنىڭ دەسلەپكى ئېلىنغان قىسمى ئاشلىق، يېڭى شاراب، زەيتۇن مېيى ۋە ھەسەللەرنى ھەمدە ئېتىزلىقتىن چىققان ھەرخىل مەھسۇلاتلارنىڭ ھوسۇللىرىدىن ئەكىلىشتى، يەنە ھەرخىل نەرسىلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرىگە تۈركۈملەپ ئەكىلىشتى. [6]يەھۇدانىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە تۇرۇۋاتقان ئىسرائىللار بىلەن يەھۇدالارمۇ قوي-كالىلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرىگە ۋە پەرۋەردىگار خۇداسىغا ئاتالغان مۇقەددەس بۇيۇملارنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرىگە ئەكىلىپ، دۆۋە-دۆۋە دۆۋىلىۋەتتى. [7]ئۈچىنچى ئايدىن باشلاپ دۆۋىلىنىپ، يەتتىنچى ئايغا كەلگەندە توختىدى. [8]ھەزەكىيا ئەمەلدارلار بىلەن بىللە كېلىپ، دۆۋە-دۆۋە بولغان بۇ مەھسۇلاتلارنى كۆرۈپ پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭ خەلقى بولغان

---

6:31 **«يەھۇدانىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە تۇرۇۋاتقان ئىسرائىللار»** — «2پاد.» 30:1-2، «2پاد.» 17:6، 23نىمۇ كۆرۈڭ. بۇ ئىبارىگە قارىغاندا شىمالىي پادىشاھلىق («ئىسرائىل») ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان مەزگىلدە ياكى ھەتتا شۇنىڭدىن ئىلگىرى، شىمالىي پادىشاھلىقتىكى «ئون قەبىلە»دىن يەھۇدا تەرەپكە قېچىپ، يەھۇدا شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلاشقانلار ئاز ئەمەس ئىدى. **«خۇداغا ئاتالغان مۇقەددەس بۇيۇملار»** — بۇ «خۇداغا ئاتالغان مۇقەددەس بۇيۇملار» بەلكىم بارلىق مەھسۇلاتلاردىن ئوندىن بىرى ئىدى. «قان.» 14:28-29 بويىچە، مۇشۇ بۇيۇملارنى خەلق «ئۆز ئىشىك-دەرۋازىلىرى ئىچىدە لاۋىيلار ۋە كەمبەغەللەر ئۈچۈن توپلاش كېرەك» ئىدى. بىزنىڭچە 6-ئايەتتىكى «ئوندىن بىرى» «خۇداغا ئاتالغان مۇقەددەس بۇيۇملار»دىن ئېلىنغان ئوندىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ «ئوندىن بىرى» شۇ چاغدا يېرۇس`الېمغا ئاپىرىلاتتى.

ئىسرائىللارغا بەخت-سائادەت تىلىدى. [9] ھەزەكىيا كاھىنلار بىلەن لاۋىيلاردىن بۇ دۆۋە-دۆۋە مەھسۇلاتلار توغرۇلۇق سورىۋىدى، [10] زادوك جەمەتىدىن بولغان باش كاھىن ئازارىيا ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ: ــ خەلق پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە ھەدىيە كەلتۈرگىلى باشلىغاندىن بۇيان تويغۇدەك يېدۇق، يەنە نۇرغۇن ئېشىپ قالدى. چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى بەرىكەتلىگەن، شۇڭا ئېشىپ قالغىنىمۇ شۇنچە كۆپ، دېدى.

[11] ھەزەكىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ئامبارلارنى تەييارلاشنى بۇيرۇۋىدى، ئۇلار شۇنداق قىلدى. [12] ئۇلار سەمىمىي-ساداقەتلىك بىلەن ھەدىيەلەرنى، ئوندىن بىر ئۆشرە ۋە خۇداغا ئاتالغان نەرسىلەرنى ئامبارلارغا ئەكىردى. لاۋىيلاردىن بولغان كونونىيا باش ئامبارچى، ئىنىسى شىمەي مۇئاۋىن باش ئامبارچى بولدى. [13] كونونىيا ۋە ئىنىسى شىمەينىڭ قول ئاستىدا يەھىيەل، ئازارىيا، ناخات، ئاساھەل، يەرىموت، يوزاباد، ئەلىيەل، يىسماقىيا، ماھات ۋە بىنايالار نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەزەكىيا پادىشاھ بىلەن خۇدانىڭ ئۆيىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئازارىيانىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىشلەيتتى. [14] شەرقىي دەرۋازىنىڭ دەرۋازىۋىنى لاۋىي يىمناھنىڭ ئوغلى كورە خۇداغا خالىس قىلىنغان ھەدىيە-سوۋغاتلارغا مەسئۇل ئىدى؛ ئۇ پەرۋەردىگارغا سۇنۇلغان ۋە «ئەڭ مۇقەددەس» بولغان نەرسىلەرنى تەقسىم قىلاتتى. [15] ئېدەن، مىنيامىن، يەشۇئا، شېمايا، ئامارىيا ۋە شېكانىيالار ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، ئۇلار كاھىنلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە، چوڭ-كىچىكلىكىگە قارىماي، نۆۋەت بويىچە ئۆز قېرىنداشلىرىغا بۆلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشكە تەيىنلەندى؛ [16] بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار نەسەبنامىگە تىزىملانغان ئۈچ ياشتىن يۇقىرى ئەركەكلەردىن، ھەر

---

8:31 «دۆۋە-دۆۋە بولغان بۇ مەھسۇلاتلار» ــ 6-ئايەت ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

14:31 ««ئەڭ مۇقەددەس» بولغان نەرسىلەر» ــ كاھىنلارغا بېرىشكە ئاتالغان بېكىتىلگەن، بەزى قۇربانلىقلاردىن ئايرىپ ئېلىنغان مەلۇم قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. «لاۋ.» 2-، 6- ۋە 7-بابلارنى كۆرۈڭ.

كۆنى نۆۋەتتى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، يۇكلەنگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدىغانلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ تەقسىم قىلىپ بېرەتتى.[17] ئۇلار نەسەبى تىزىملانغان جەمەتلىرى بويىچە كاھىنلارغىمۇ ھەمدە يىگىرمە ياشتىن ئاشقان لاۋىيلارغا نۆۋەتتى ۋە ۋەزىپىسىگە قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرەتتى؛[18] نەسەبنامىدە «لاۋىي جامائىتى» دەپ، پۈتۈلگىنىگە قاراپ بۇلارنىڭ بارلىق كىچىك بالىلىرىغا، خوتۇنلىرى ۋە ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرىگىمۇ تەقسىم قىلىپ بېرەتتى؛ چۈنكى ئۇلار ساداقەتلىك بىلەن ئۆزلىرىنى خۇداغا ئاتاپ پاكلىنىپ، مۇقەددەس بولۇشقا بېغىشلىغانىدى.[19] ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بولغان كاھىنلارغا بولسا، ھەربىر شەھەردە مەخسۇس تىزىملانغان ئادەم قويۇلغانىدى؛ ئۇلار كاھىنلار ئىچىدىكى بارلىق ئەركەكلەرگە ۋە شۇنداقلا نەسەبنامىدە پۈتۈلگەن بارلىق لاۋىيلارغا تېگىشلىك ئۈلۈشلىرىنى بېرەتتى.
[20] ھەزەكىيا پۈتۈن يەھۇدا زېمىنىدا شۇنداق قىلدى؛ ئۇ ئۆز خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ئالدىدا ياخشى، دۇرۇس ۋە ھەق بولغاننى قىلدى.
[21] مەيلى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتلەرگە ئائىت ئىشتا بولسۇن، مەيلى تەۋرات قانۇنىغا ھەم ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىش نىيىتىدە خۇداسىنى ئىزدەشتە بولسۇن، ئۇ پۈتۈن قەلبى بىلەن قىلدى ۋە روناق تاپتى.

## ئاسسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب يەھۇداغا تاجاۋۇز قىلىدۇ

2پاد. 18:13-37؛ 19:1-37؛ يەش. 36:1-22؛ 37:1-38

32 [1] بۇ بارلىق ئىشلارنى ۋە ساداقەتلىك ئەمەللەرنى بېجىرگەندىن كېيىن، ئاسسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب يەھۇداغا تاجاۋۇز قىلىپ، قورغانلىق شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ كىرىپ،

16:31 **«ئۈچ ياشتىن ئاشقانلار»** — بۇ ئايەتكە قارىغاندا، كاھىنلارنىڭ كىچىك ئوغۇل باللىرى خىزمەت نۆۋىتى كەلگەن ئاتىلىرىنىڭ ئەگىشىپ ئىبادەتخانىغا كىرىشكە رۇخسەت ئىدى.

ئۇلارنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى قورشىۋالدى. [2]ھەزەكىيا سەنناخېرىبنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلگەندە، [3]ئەمەلدارلىرى ۋە باتۇر ئەزىمەتلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى بۇلاق-ئېرىقلارنى توسۇۋېتىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى؛ ئۇلار ئۇنى قوللىدى. [4]شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلىپ: «نېمە ئۈچۈن ئاسۇرىيە پادىشاھلىرىغا مول سۇ مەنبەسىنى تېپىۋېلىشىغا قالدۇرىدىكەنمىز؟» دەپ بارلىق بۇلاق كۆزلىرىنى ئېتىۋەتتى ۋە ئۇ يۇرت ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىقنى توسۇۋەتتى. [5]ھەزەكىيا ئۆزىنى غەيرەتلەندۈرۈپ، بۇزۇلۇپ كەتكەن سېپىللارنى يېڭىباشتىن ئوڭلاتتى، ئۈستىگە قاراۋۇلخانىلارنى سالدۇردى، يەنە بىر تاشقى سېپىلمۇ ياساتتى ھەمدە داۋۇت شەھىرىدىكى «مىللو» قەلئەسىنى مۇستەھكەملىدى؛ ئۇ يەنە نۇرغۇن قورال-ياراغ ۋە قالقانلارنى ياساتتى. [6]ئۇ خەلقنىڭ ئۈستىگە سەردارلارنى تەيىنلىدى ئاندىن ئۇلارنى شەھەر دەرۋازىسىدىكى مەيدانغا، ئۆز ئالدىغا يىغدۇرۇپ، ئۇلارغا ئىلھام-رىغبەت بېرىپ:
[7]— ئىرادەڭلارنى چىڭ قىلىپ باتۇر بولۇڭلار، ئاسۇرىيە پادىشاھىدىن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن زور قوشۇندىن قورقماڭلار ياكى ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭلار؛ چۈنكى بىز بىلەن بىرگە بولغۇچىلار ئۇلار بىلەن بىرگە بولغۇچىلاردىن كۆپتۇر. [8]ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغىنى ناھايىتى بىر ئىنساني ئەتلىك بىلەك، خالاس؛ لېكىن بىز بىلەن بىللە بولغۇچى بولسا بىزگە مەدەتكار بولۇپ، بىز ئۈچۈن جەڭ قىلغۇچى خۇدايىمىز پەرۋەردىگار باردۇر! — دېدى. خەلق يەھۇدانىڭ پادىشاھى ھەزەكىيانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ تاياندى.
[9]شۇنىڭدىن كېيىن ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب پۈتكۈل كۈچ-قوشۇنى بىلەن لاقىش شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى؛ شۇ چاغدا ئۇ

---

**7:32 «بىز بىلەن بىرگە بولغۇچىلار ئۇلار بىلەن بىرگە بولغۇچىلاردىن كۆپتۇر»** — ياكى «بىز بىلەن بولغۇچى ئۇنىڭ بىلەن بولغۇچىدىن ئۇلۇغدۇر». «2پاد.» 16:6نى كۆرۈڭ.

**8:32** يەر. 5:17؛ 1يۇھ. 4:4

خىزمەتكارلىرىنى يېرۇسالېمغا، يەھۇدانىڭ پادىشاھى ھەزەكىياغا، شۇنداقلا يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقان بارلىق يەھۇدالارغا ئەۋەتىپ، ئۇلارغا مۇنداق سۆزلەرنى يەتكۈزۈپ: ــ [10] «ئاسۇرىيە پادىشاھى سەناخېرىب: «يېرۇسالېم مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇقلۇق، سىلەر زادى نېمىگە تايىنىپ ئۇنىڭدا تېخىچە تۇرۇۋاتىسىلەر؟ [11] ھەزەكىيا سىلەرگە: «پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزنى ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ»، دەپ ئىشەندۇرۇپ، سىلەرنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈمگە تاپشۇرماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ [12] شۇ ھەزەكىيا پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «يۇقىرى جايلار»نى ھەم قۇربانگاھلارنى يوق قىلىۋەتتىغۇ؟ ئاندىن يەھۇدادىكى ۋە يېرۇسالېمدىكىلەرگە: ــ «سىلەر بىرلا قۇربانگاھ ئالدىدا سەجدە قىلىسىلەر ۋە شۇنىڭ ئۈستىگىلا خۇشبۇي ياقىسىلەر» دەپ ئەمر قىلغان ئەمەسمىدى؟ [13] مېنىڭ ۋە مېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ بارلىق ئەل خەلقلىرىگە نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ئەل-يۇرتلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرى ئۆز زېمىنىنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزۇشقا بىرەر ئامال قىلالىغانمۇ؟ [14] مېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىم ئۇزۇل-كېسىل يوقاتقان ئەشۇ ئەل-يۇرتلارنىڭ بۇت-ئىلاھلىرىنىڭ قايسىبىرى ئۆز خەلقىنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالىغان؟ ئۇنداقتا سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار سىلەرنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالامتى؟ [15] سىلەر ئەمدى ھەزەكىياغا ئالدانماڭلار، سىلەرنى شۇنداق قايىل قىلىشىغا يول قويماڭلار ياكى ئۇنىڭغا ئىشىنىپمۇ ئولتۇرماڭلار؛ چۈنكى مەيلى قايسى ئەلنىڭ، قايسى پادىشاھلىقنىڭ ئىلاھى بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۆز خەلقىنى مېنىڭ قولۇمدىن ياكى مېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ قولىدىن ھېچ قۇتقۇزۇپ

12:32 «شۇ ھەزەكىيا پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «يۇقىرى جايلار»نى ھەم قۇربانگاھلارنى يوق قىلىۋەتتىغۇ؟ ... يېرۇسالېمدىكىلەرگە: ــــ «سىلەر بىرلا قۇربانگاھ ئالدىدا سەجدە قىلىسىلەر ...» دەپ ئەمر قىلغان ئەمەسمىدى؟» ــ سەناخېرىبنىڭ ئەلچىسى ئىنتايىن ھىيلىگەرلىك بىلەن قىلىنغان بۇ گەپ بىلەن خەلققە: ــ «ھەزەكىيا پەرۋەردىگارغا ھەقىقەتەن ئىشەنمەيدۇ. ئۇ پەقەت ھەممىڭلار يېرۇسالېمدا قۇربانلىقلىرىڭلارنى قىلىشىڭلار كېرەك دەپ سىلەردىن پايدىلانماقچى» دەپ گۇمانلاندۇرماقچى.

چىقالمىدى؛ سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار سىلەرنى مېنىڭ چاڭگىلىمدىن
تېخىمۇ قۇتۇلدۇرۇۋالالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ــ دەيدۇ» ــ دېدى.
16 سەنناخېرىبنىڭ خىزمەتكارلىرى داۋاملىق يەنە پەرۋەردىگار خۇدانى
ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارى ھەزەكىيانى ھاقارەتلەيدىغان گەپلەرنىمۇ
قىلدى. 17 ئاندىن سەنناخېرىب تېخى خەت يېزىپ، ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنى ھاقارەتلەپ، زاڭلىق قىلىپ:
«خۇددى ھەرقايسى ئەل-يۇرتلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆز خەلقىنى مېنىڭ
چاڭگىلىمدىن قۇتقۇزالمىغاندەك، ھەزەكىيانىڭ خۇداسىمۇ ئۇنىڭ
خەلقىنى مېنىڭ چاڭگىلىمدىن قۇتقۇزالمايدۇ» دېدى. 18 ئۇلار شەھەرنى
ئېلىش غەرىزىدە يېرۇسالېم سېپىلىدە تۇرۇۋاتقان خەلقنى قورقۇتۇپ،
پاتىپاراقچىلىققا چۆمدۈرۈش ئۈچۈن يەھۇدىي تىلىدا ئۈنلۈك تووۋلاپ
تۇردى. 19 ئۇلار يېرۇسالېمنىڭ خۇداسىنى خۇددى يەر يۈزىدىكى يات
خەلقلەرنىڭ ئىنسانىنىڭ قولىدا ياسالغان ئىلاھلىرىغا ئوخشىتىپ
سۆزلىدى.
20 شۇنىڭ تۈپەيلىدىن ھەزەكىيا پادىشاھ ۋە ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا
پەيغەمبەر دۇئا قىلىپ ئاسمانغا قاراپ نىدا قىلىشۋىدى، 21 پەرۋەردىگار
بىر پەرىشتە ئەۋەتتى، ئۇ ئاسۇرىيە پادىشاھى قوشۇنىنىڭ
لەشكەرگاھىغا كىرىپ، پۈتكۈل باتۇر جەڭچىلەرنى، ئەمەلدالار ۋە
سەردارلارنى قويماي قىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاسۇرىيە پادىشاھى
شەرمەندە بولۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بۇتخانىسىغا
كىرگەن چېغىدا ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغۇللىرى ئۇنى قىلىچ بىلەن
چېپىپ ئۆلتۈردى. 22 ئەنە شۇ تەرىقىدە، پەرۋەردىگار ھەزەكىيانى ۋە
يېرۇسالېم ئاھالىسىنى ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىبنىڭ ۋە باشقا
بارلىق دۈشمەنلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى ۋە ئۇلارنى ھەر
تەرەپتە قوغدىدى. 23 نۇرغۇن كىشىلەر ھەدىيەلەرنى پەرۋەردىگارغا ئاتاش
ئۈچۈن يېرۇسالېمغا ئەكەلدى، شۇنداقلا نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەرنى

22:32 **«ھەر تەرەپتە قوغدىدى»** ــ ياكى «ھەر تەرەپتە ئەمىنلىككە ئېرىشتۈردى» ياكى «ھەر تەرەپتە يېتەكچىلىك قىلدى».

ئەكىلىپ يەھۇدا پادىشاھى ھەزەكىياغا سۇندى؛ شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھەزەكىيا بارلىق ئەل-يۇرتلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

## ھەزەكىيا ئېغىر كېسەل بولىدۇ، دۇئا قىلىدۇ

2پاد. 20:1-21؛ يەش. 38:1-22؛ 39:1-8

[24] شۇ كۈنلەردە ھەزەكىيا كېسەل بولۇپ ساكراتقا چۈشۈپ قالدى؛ ئۇ پەرۋەردىگارغا تىلاۋەت قىلدى ۋە پەرۋەردىگار سۆز قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسەتتى. [25] لېكىن ھەزەكىيا ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن ئىلتىپاتقا مۇۋاپىق تەشەككۇر ئېيتمىدى؛ ئۇ كۆڭلىدە تەكەببۇرلىشىپ كەتتى. شۇڭا خۇدانىڭ غەزىپى ئۇنىڭغا ۋە شۇنىڭدەك يەھۇدا ۋە يېرۇسالېمدىكىلەرگە قوزغالدى. [26] لېكىن ھەزەكىيا ۋە يېرۇسالېمدىكىلەر تەكەببۇرلۇقىدىن يېنىپ ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ يۈرگەچكە، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ھەزەكىيانىڭ كۈنلىرىدە ئۇلارغا چۈشمىدى.

[27] ھەزەكىيانىڭ دۇنياسى تولىمۇ كۆپ، ئىززەت-ھۆرمىتى قەۋەتلا يۇقىرى ئىدى؛ ئۇ ئۆزىگە ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر-ياقۇت، خۇشبۇي دورا-دەرمەك، قالقان ۋە ھەرخىل قىممەتلىك بۇيۇملارنى ساقلايدىغان خەزىنىلەرنى سالدۇردى؛ [28] ئۇ يەنە ئاشلىق، يېڭى شاراب ۋە زەيتۇن مېيى ساقلايدىغان ئامبارلارنى، يەنە ھەر تۈرلۈك ماللار ۋە پادىلىرى ئۈچۈن ئېغىل-قوتانلارنى سالدۇردى. [29] ئۇ ئۆزىگە شەھەرلەر بىنا قىلدۇردى ۋە نۇرغۇن قوي-كالىلارغا ئىگە بولدى، چۈنكى خۇدا ئۇنىڭغا غايەت كۆپ دەپىنە-دۇنيا ئاتا قىلغانىدى. [30] ھەزەكىيادىن ئىبارەت بۇ كىشى گىھون ئېقىنىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى سۇنى توسۇپ، سۇنى تۈپتۈز غەرب تەرەپكە ئېقىپ كېلىدىغان قىلغانىدى. ھەزەكىيا بارلىق قىلغان ئەمەللىرىدە روناق تاپتى. [31] ھالبۇكى، بابىل ئەمىرلىرىنىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ ھەزەكىيا بىلەن كۆرۈشۈپ، يەھۇدا

---

24:32 «ھەزەكىيا ... پەرۋەردىگارغا تىلاۋەت قىلدى ۋە پەرۋەردىگار سۆز قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسەتتى» ــ «يەش.» 38-بابنى كۆرۈڭ.

زىمىنىدا يۈز بەرگەن بۇ مۆجىزىلىك ئالامەت توغرۇلۇق گەپ سورىغان
چاغدا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى مەلۇم قىلىشقا سىنىماقچى،
خۇدا ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كەتتى. [32] ھەزەكىيانىڭ
قالغان ئىشلىرى ۋە ياخشى ئەمەللىرى بولسا، مانا ئۇلار «يەھۇدا
ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخنامىسى»دا، ئاموزنىڭ ئوغلى
يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كۆرگەن ۋەھىيلىك خاتىرىسىدە پۈتۈلگەندۇر.
[33] ھەزەكىيا ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى؛ ئۇلار ئۇنى داۋۇت
ئەۋلادلىرى قەبرىستانلىقى ئېگىزلىكىدە دەپنە قىلدى؛ ئۇ ئۆلگەن
چاغدا بارلىق يەھۇدا خەلقى بىلەن يېرۇسالېمدىكىلەر ئۇنىڭغا
ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ماناسسەھ پادىشاھ بولدى.

## ماناسسەھ سەلتەنەت قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ رەزىل ئىشلىرى

2پاد. 21:1-18

33 [1] ماناسسەھ پادىشاھ بولغاندا ئون ئىككى ياشتا بولۇپ،
يېرۇسالېمدا ئەللىك بەش يىل سەلتەنەت قىلدى. [2] ئۇ
پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن يات
ئەللىكلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئادەتلىرىگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى. [3] ئۇ ئاتىسى ھەزەكىيا
چېقىپ تاشلىغان «يۇقىرى جايلار»نى قايتىدىن ياساتتى؛ ئۇ بائاللارغا
ئاتاپ قۇربانگاھلارنى سالدۇرۇپ، ئاشەراھ مەبۇدلارنى ياسىدى؛ ئۇ
ئاسماندىكى نۇرغۇنلىغان ئاي-يۇلتۇزلارغا باش ئۇردى ۋە ئۇلارنىڭ
قۇللۇقىغا كىردى. [4] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىمۇ قۇربانگاھلارنى

---

31:32 **«ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى مەلۇم قىلىشقا سىنىماقچى، خۇدا ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كەتتى»** — «يەش.» 39-بابنى كۆرۈڭ.

3:33 **«ئاسماندىكى نۇرغۇنلىغان ئاي-يۇلتۇزلار»** — ياكى «ئاسماننىڭ قوشۇنى»، يەنى ئاسماندىكى نۇرغۇنلىغان ئاي-يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىدۇ. تەۋراتتىن بىلىمىزكى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ پەرىشتىلەر ۋە بەلكىم ئاسماندىكى يامان كۈچلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار («زەب.» 4:147، «ئايۇپ» 38:4-7، «ۋەھ.» 12:4نى كۆرۈڭ).

ياساتتى. شۇ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق پەرۋەردىگار: «يېرۇسالېمدا مېنىڭ
نامىم مەڭگۈ قالىدۇ» دېگەنىدى. 5ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ
ئىككى هويلىسىدا «ئاسماننىڭ قوشۇنى»غا قۇربانگاهلارنى
ئاتاپ ياساتتى. 6ئۇ بەن-هىننومنىڭ جىلغىسىدا ئۆز بالىلىرىنى
ئوتتىن ئۆتكۈزدى؛ جادۇگەرچىلىك، پالچىلىق ۋە دەمىدىچىلىك
ئىشلەتتى، ئۆزىگە جىنكەشلەر بىلەن ئەپسۇنچىلارنى بېكىتتى؛
ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە سان-ساناقسىز رەزىللىكنى قىلىپ
ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 7ئۇ ياساتقان ئويما مەبۇدنى خۇدانىڭ
ئۆيىگە تىكلىدى. شۇ ئۆي توغرۇلۇق پەرۋەردىگار داۋۇتقا ۋە ئۇنىڭ
ئوغلى سۇلايمانغا: ــ «بۇ ئۆيدە، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ ھەممە
قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنلىرى ئارىسىدىن مەن تاللىغان يېرۇسالېمدا
ئۆز نامىمنى ئەبەدگىچە قالدۇرىمەن؛ 8ئەگەر ئىسرائىل پەقەت مەن
مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا تاپىلىغان بارلىق ئەمرلەرگە، يەنى
بارلىق قانۇن، بەلگىلىمىلەر ۋە ھۆكۈملەرگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلىشقا
كۆڭۈل قويسىلا، مەن ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى ئاتا-بوۋىلىرىغا بېكىتكەن
بۇ زېمىندىن قايتىدىن نېرى قىلمايمەن» ــ دېگەنىدى.
9لېكىن ماناسسەھ يەھۇدالارنى ۋە يېرۇسالېمدىكىلەرنى شۇنداق
ئازدۇردىكى، ئۇلار پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن ھالاك قىلغان
يات ئەللىكلەرنىڭ قىلغىنىدىنمۇ ئاشۇرۇپ رەزىللىك قىلاتتى.
10پەرۋەردىگار ماناسسەھ ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە ئاگاھلاندۇرۇپ سۆزلىگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قۇلاق سالمىدى.
11شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگار ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قوشۇنىدىكى
سەردارلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇمغا سالدۇردى. ئۇلار
ماناسسەھنى ئىلمەك بىلەن ئىلىپ، مىس زەنجىر بىلەن باغلاپ

---

5:33 **«ئاسماننىڭ قوشۇنى»** ــ مۇشۇ يەردە قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىدۇ.

6:33 **«بەن-هىننومنىڭ جىلغىسى»** ــ يەنى «هىننومنىڭ ئوغلىنىڭ جىلغىسى». «يەشۇئا» 29:8نى كۆرۈڭ. بۇ جىلغا ئەسلى «گې-هىننوم» دەپ ئاتىلاتتى (ئەرەبچە «جەھەننەم»). **«... باللىرىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈش»** ــ بەلكىم «ئىنسانىي قۇربانلىق»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

بابىلغا ئەكەلدى. [12] ماناسسەھ مۈشۈنداق ئازابقا چۈشكەندە خۇداسى
پەرۋەردىگارغا يالۋۇرۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى ئالدىدا ئۆزىنى
بەك تۆۋەن تۇتتى. [13] ئۇ دۇئا قىلىۋىدى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ دۇئاسىغا
قۇلاق سېلىپ، تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى يېرۇسالېمغا قايتۇرۇپ،
پادىشاھلىقىغا قايتىدىن ئىگە قىلدى. ماناسسەھ شۇ چاغدىلا
پەرۋەردىگارنىڭلا خۇدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.
[14] بۇ ئىشلاردىن كېيىن ماناسسەھ «داۋۇت شەھىرى»نىڭ سىرتىغا،
جىلغا ئوتتۇرىسىدىكى گىھوننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن تاكى
بېلىق دەرۋازىسى ئاغزىغىچە، ئوفەلنى چۆرىدەپ سېپىل ياساتتى
ۋە ئۇنى ناھايىتى ئېگىز قىلدى؛ يەھۇدانىڭ ھەرقايسى قورغانلىق
شەھەرلىرىدە قوشۇن سەردارلىرىنى تەيىنلىدى. [15] ئۇ يەنە پەرۋەردىگار
ئۆيىدىن يات ئەللىكلەرنىڭ مەبۇدلىرى بىلەن ئۆزى قويغان بۇتنى،
ئۆزى پەرۋەردىگار ئۆيىنىڭ تېغى بىلەن يېرۇسالېمدا ياساتقۇزغان
بارلىق قۇربانگاھلارنى ئېلىۋېتىپ، شەھەر سىرتىغا تاشلاتقۇزۇۋەتتى.
[16] ماناسسەھ پەرۋەردىگار قۇربانگاھىنى يېڭىباشتىن تىكلىتىپ،
قۇربانگاھقا ئىناقلىق قۇربانلىقى بىلەن تەشەككۇر قۇربانلىقلىرىنى
سۇندى ۋە يەھۇدالارغا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ
خىزمىتىگە كىرىشنى بۇيرۇدى. [17] شۇنداقتىمۇ، خەلق قۇربانلىقنى
يەنىلا «يۇقىرى جايلار»دا ئۆتكۈزەتتى؛ لېكىن ئۇلارنىڭ قۇربانلىقلىرى
ئۆزلىرىنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغىلا سۇنۇلاتتى. [18] ماناسسەھنىڭ
قالغان ئىشلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ خۇداسىغا قىلغان دۇئاسى ۋە
ئالدىن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ
نامىدا ئۇنىڭغا ئېيتقان گەپلىرى بولسا، مانا ئۇلار «ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھلىرىنىڭ خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەندۇر.
[19] ئۇنىڭ دۇئاسى، خۇدانىڭ ئۇنىڭ تىلەكلىرىنى قانداق ئىجابەت

---

**11:33 «ئۇلار ماناسسەھنى ئىلمەك بىلەن ئېلىپ...»** ــ ئاسۇرىيە پادىشاھلىرى تۇتقۇنلارنى خارلاش ئۈچۈن ئىلمەكلەرنى بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈپ يېتىلەيتتى. «يەش.» 29:37 ۋە «ھاب.» 15:1 بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن قىلىشىدىن ئىلگىرى قىلغان
بارلىق گۇناھى ۋە ۋاپاسىزلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قەيەردە «يۇقىرى
جايلار» سالدۇرغانلىقى، ئاشەراھ مەبۇدلىرى ھەم ئويما مەبۇدلارنى
تىكلىگەنلىكى بولسا، مانا ھەممىسى «ئالدىن كۆرگۈچىلەرنىڭ
خاتىرىلىرىدە» پۈتۈلگەندۇر. [20] ماناسسەھ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا
ئۇخلىدى؛ كىشىلەر ئۇنى ئۆز ئوردىسىغا دەپنە قىلدى؛ ئوغلى ئامون
ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## ئامون سەلتەنەت قىلدۇ

2پاد. 21:19-26

[21] ئامون تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە ئىككى ياشتا ئىدى؛ ئۇ
يېرۇسالېمدا ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. [22] ئۇ ئاتىسى ماناسسەھ
قىلغىنىدەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى. ئۇ
ئاتىسى ماناسسەھ ياساتقان بارلىق ئويما مەبۇدلارغا قۇربانلىق سۇندى
ۋە ئۇلارنىڭ قۇللۇقىغا كىردى. [23] ئۇ ئۆزىنى پەرۋەردىگار ئالدىدا ئاتىسى
ماناسسەھ ئۆزىنى تۆۋەن تۆتقاندەك تۆۋەن تۇتمىدى؛ بۇ ئامونىنىڭ
بولسا گۇناھ-قەبىھلىكلىرى بارغانسېرى ئېشىپ باردى. [24] كېيىن
ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنى قەستلەپ ئۆز ئوردىسىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى.
[25] لېكىن يەھۇدا زېمىنىدىكىلەر ئامون پادىشاھنى قەستلىگەنلەرنىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈردى؛ ئاندىن يۇرت خەلقى ئۇنىڭ ئورنىدا ئوغلى
يوسىيانى پادىشاھ قىلدى.

## ھەققانىي پادىشاھ يوسىيا سەلتەنەت قىلدۇ

2پاد. 22:1-20

34 [1] يوسىيا پادىشاھ بولغاندا سەككىز ياشتا بولۇپ، يېرۇسالېمدا
ئوتتۇز بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. [2] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە

19:33 «ئالدىن كۆرگۈچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدە» — ياكى «ھوزاينىڭ خاتىرىلىرىدە».

**دۇرۇس بولغاننى قىلىپ، ھەر ئىشتا ئاتىسى داۋۇتنىڭ يوللىرىدا
يۈرۈپ، نە ئوڭغا نە سولغا چەتنەپ كەتمىدى. [3] ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ
سەككىزىنچى يىلى، ئۇ تېخى گۆدەك چېغىدىلا، ئاتىسى داۋۇتنىڭ
خۇداسىنى ئىزلەشكە باشلىدى؛ سەلتەنىتىنىڭ ئون ئىككىنچى
يىلىغا كەلگەندە يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمدىكى «يۇقىرى جايلار»،
ئاشەراھ مەبۇدلىرى، ئويما بۇتلار ۋە قۇيما بۇتلارنى يوقىتىپ، زېمىننى
پاكىزلاشقا كىرىشتى. [4] خەلق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا «بائاللار»نىڭ
قۇربانگاھلىرىنى چېقىپ تاشلىدى؛ ئۇ قۇربانگاھلارنىڭ ئۈستىگە
ئېگىز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان «كۈن تۈۋرۈكلىرى»نى كېسىپ
تاشلىدى؛ ئۇ يەنە ئاشەراھ مەبۇدلىرى، ئويما-قۇيما بۇتلارنى
چېقىپ، ئۇنىڭ توپىسىنى بۇ مەبۇدلارغا قۇربانلىق سۇنغانلارنىڭ
قەبرىلىرىگە چېچىۋەتتى. [5] بۇت كاھىنلىرىنىڭ ئۈستىخانلىرىنى
قۇربانگاھلىرىنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرۈۋەتتى؛ شۇنداق قىلىپ، ئۇ
يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنى پاكىزلىدى. [6] ئۇ ماناسسەھ، ئەفرائىم،
شىمېئون ھەتتا نافتالىغىچە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ۋە
ئەتراپىدىكى خارابىلەردە شۇنداق قىلدى؛ [7] ئۇ قۇربانگاھلارنى چېقىپ،
ئاشەراھ مەبۇدلىرى ۋە ئويما بۇتلارنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى، پۈتۈن
ئىسرائىلدىكى خۇشبۇيگاھلارنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاپ،
يېرۇسالېمغا قايتتى.**

**[8] ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلى يەھۇدا زېمىنىنى ۋە
مۇقەددەسخانىنى پاكىزلاپ بولغاندىن كېيىن، ئازالىيانىڭ ئوغلى
شافان، شەھەر باشلىقى مائاسېياھ ۋە يوئاھازنىڭ ئوغلى تەزكىرىچى
يوئاھنى خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئوڭلاشقا ئەۋەتتى.
[9] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باش كاھىن ھىلقىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە بېغىشلاپ ئەكەلگەن پۇلنى تاپشۇردى. بۇ پۇلنى
ئەسلىدە دەرۋازىۋەن لاۋىيلار ماناسسەھ، ئەفرائىم ۋە ئىسرائىلنىڭ**

---

4:34 **«كۈن تۈۋرۈكلىرى»** — باشقا بىر تەرجىمىسى «قۇياش بۇتلىرى» ياكى «ئىسرىقگاھلار».

7:34 **«كۈن تۈۋرۈكلىرى»** — باشقا بىر تەرجىمىسى «قۇياش بۇتلىرى» ياكى «ئىسرىقگاھلار».

قالدىسىدىن، شۇنىڭدەك يەھۇدا ۋە بىنيامىن زېمىنىدىكىلەر ۋە يېرۇسالېمدىكىلەردىن يىغقانىدى. [10]ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئوڭشايدىغان ئىشلارنى نازارەت قىلغۇچى ئىشچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇلار ھەم پۇلنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى ئوڭشاش ۋە مۇستەھكەملەشكە ئىشلىگۈچىلەرگە بەردى؛ [11]ئۇلار بولسا پۇلنى يەھۇدا پادىشاھلىرى خارابىلەشتۈرگەن ئۆي-ئىمارەتلەرگە لازىملىق كېسىپ-ئويۇلغان تاشلارنى ۋە تۈۋرۈك-لىملارغا ياغاچ سېتىۋالىشقا ياغاچچىلار بىلەن تامچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. [12]بۇ ئادەملەر ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىدى. ئۇلارنى باشقۇرىدىغان، نازارەتكە مەسئۇل لاۋىي مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن جاھات بىلەن ئوبادىيا، كوھاتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن زەكەرىيا بىلەن مەشۇللام بار ئىدى؛ بۇ لاۋىيلارنىڭ ھەممىسى ھەرخىل سازلارغىمۇ ماھىر ئىدى؛ [13]ئۇلار يەنە ھامماللار ۋە ھەرخىل ئىشلار ئۈستىدىكى نازارەتچىلەرنى باشقۇراتتى؛ لاۋىيلاردىن پۈتۈكچىلەرمۇ، ئەمەلدارلارمۇ، دەرۋازىۋەنلەرمۇ بار ئىدى.

[14]ئۇلار پەرۋەردىگار ئۆيىگە بېغىشلاپ ئەكەلگەن پۇللارنى ئېلىپ چىقىدىغان چاغدا، ھىلقىيا كاھىن پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بەرگەن تەۋرات قانۇنى كىتابىنى تېپىۋالدى. [15]ھىلقىيا كاتىپ شافانغا: ــ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە تەۋرات-قانۇنى كىتابىنى تېپىۋالدىم، دېدى. شۇنى ئېيتىپ، ھىلقىيا كىتابنى شافانغا بەردى. [16]شافان ئۇنى پادىشاھنىڭ يېنىغا ئاپاردى ۋە ئۇنىڭغا: «خىزمەتكارلىرى تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى بولسا، ھەممىسىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ. [17]ئۇلار پەرۋەردىگار ئۆيىگە بېغىشلانغان پۇللارنى تۆكۈپ، ئۇنى نازارەتچىلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ

9:34 **«ئەفرائىم ۋە ئىسرائىلنىڭ قالدىسى»** ــ ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى شىمالىي پادىشاھلىق («ئىسرائىل»)تىن ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتكەنىدى؛ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان مۇشۇ خەلق يۇرتتا قالدۇرۇلغان ئىسرائىللار ئىدى.

قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى» دەپ مەلۇمات بەردى. [18] شافان كاتىپ يەنە پادىشاھقا: ــ ھىلقىيا كاھىن يەنە ماڭا بىر ئورام كىتاپ بەردى دەپ ئۇنى پادىشاھ ئالدىدا ئوقۇدى.

[19] ۋە شۇنداق بولدىكى، پادىشاھ تەۋرات قانۇنىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆز كىيىملىرىنى يىرتتى. [20] پادىشاھ ھىلقىيا بىلەن شافاننىڭ ئوغلى ئاھىكامغا، مىكاھنىڭ ئوغلى ئابدون بىلەن شافان كاتىپقا ۋە پادىشاھنىڭ خىزمەتكارى ئاساياغا بۇيرۇپ: ــ [21] بېرىپ مەن ئۈچۈن ۋە ئىسرائىلدا ھەم يەھۇدادا قالدۇرۇلغان خەلق ئۈچۈن بۇ تېپىلغان كىتابنىڭ سۆزلىرى توغرىسىدا پەرۋەردىگاردىن يول سوراڭلار. چۈنكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ كىتابتا بارلىق پۈتۈلگەنلەرگە ئەمەل قىلماي، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى تۇتمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە تۆكۈلدىغان غەزىپى ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى، دېدى. [22] شۇنىڭ بىلەن ھىلقىيا ۋە پادىشاھ تەيىنلىگەن كىشىلەر ئايال پەيغەمبەر ھۇلداھنىڭ قېشىغا باردى؛ ھۇلداھ خاسراھنىڭ نەۋرىسى، توكھاتنىڭ ئوغلى كىيىم-كېچەك بېگى شاللۇمنىڭ ئايالى ئىدى؛ ئۇ ئۆزى يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ ئىككىنچى مەھەللىسىدە ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشتى. [23] ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «سىلەرنى ئەۋەتكەن كىشىگە مۇنداق دەڭلار: ــ [24] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا مەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئالدىدا ئوقۇلغان بۇ كىتابتىكى بارلىق لەنەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بۇ جايغا ۋە بۇ يەردە تۇرغۇچىلارغا بالايىئاپەت چۈشۈرىمەن. [25] چۈنكى ئۇلار مېنى تاشلاپ، باشقا ئىلاھلارغا خۇشبۇي يېقىپ، قوللىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرى بىلەن مېنىڭ ئاچچىقىمنى

---

17:34 **«پۇللارنى تۆكۈپ...»** ــ ياكى «كۈمۈشنى ئېرىتىپ،...»

21:34 **«تېپىۋېلىنغان كىتاب»** ــ تەۋراتنىڭ قايسى قىسمى بولۇشى كېرەك؟ پادىشاھنىڭ ئىنكاسى، يەنى كېيىنكى ھەرىكەتلىرىگە، بولۇپمۇ «يۇقىرى جايلار»نى يوقىتىشىغا قارىغاندا، «تېپىۋېلىنغان كىتاب» چوقۇم بۇ ئىشنى تەكىتلەيدىغان «قانۇن شەرھى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ غەزىپىم بۇ يەرگە تۆكۈلىدۇ، ئۆچۈرۈلمەيدۇ.

[26] لېكىن سىلەرنى پەرۋەردىگاردىن يول سورىغىلى ئەۋەتكەن يەھۇدانىڭ پادىشاھىغا بولسا، مۇنداق دەڭلار: ــ سەن ئاڭلىغان سۆزلەر توغرىسىدا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ [27] چۈنكى كۆڭلۈڭ يۇمشاق بولۇپ، خۇدانىڭ مۇشۇ جاي ۋە ئۇنىڭدا تۇرغۇچىلارنى ئەيىبلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىڭدا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى تۆۋەن قىلدىڭ، شۇنىڭدەك ئۆزۈڭنى شۇنداق تۆۋەن قىلغىنىڭدا، كىيىملىرىڭنى يىرتىپ، مېنىڭ ئالدىمدا يىغلىغىنىڭ ئۈچۈن، مەنمۇ دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم، دەيدۇ پەرۋەردىگار. [28] مانا، سېنى ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلەن يىغىلىشقا، ئۆز قەبرەڭگە ئامان-خاتىرجەملىك ئىچىدە بېرىشقا نېسىپ قىلىمەن؛ سېنىڭ كۆزلىرىڭ مەن بۇ جاي ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان بارلىق كۈلپەتلەرنى كۆرمەيدۇ».

ئۇلار يېنىپ بېرىپ، بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزدى.

[29] پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ، يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرىنى چاقىرتىپ كەلدى. [30] پادىشاھ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چىقتى؛ بارلىق يەھۇدادىكى ئەر كىشىلەر ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار، شۇنداقلا بارلىق خەلق، ئەڭ كىچىكىدىن تارتىپ چوڭىغىچە ھەممىسى ئۇنىڭ بىللە بىللە چىقتى. ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە تېپىلغان ئەھدە كىتابىنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى.

[31] پادىشاھ ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا: ــ پەرۋەردىگارغا ئەگىشىپ پۈتۈن قەلبىم ۋە پۈتكۈل جېنىم بىلەن ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى، ھۆكۈم-گۇۋاھلىقلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تۇتۇپ، ئۇشبۇ كىتابتا پۈتۈلگەن ئەھدىگە ئەمەل قىلىمەن دەپ ئۆزىنى ئەھدىگە باغلىدى.

---

30:34 **«...ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «...ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئوقۇپ بەردى»

31:34 **«ئۇشبۇ كىتابتا پۈتۈلگەن ئەھدىگە...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇشبۇ كىتابتا پۈتۈلگەن ئەھدە سۆزلىرىگە...».

[32] شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسىمۇ ئەھدە ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى باغلىدى.
ئۇ يەنە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە بىنيامىندىكى خەلقنىمۇ بۇ ئەھدە ئالدىدا تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى باغلاتتى. شۇنىڭ بىلەن يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار خۇدانىڭ، يەنى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى. [33] يوسىيا ئىسرائىللارغا قاراشلىق يۇرتلاردىن بارلىق يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىسرائىلدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ خىزمىتىگە كىرىدىغان قىلدى. يوسىيانىڭ بارلىق كۈنلىرىدە خەلق ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا ئەگىشىشتىن ھېچ يانمىدى.

## يوسىيا «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نى ئۆتكۈزىدۇ

2پاد. 23:21-23

35 [1] يوسىيا پەرۋەردىگارنى سېغىنىپ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى يېرۇسالېمدا ئۆتكۈزمەكچى بولدى؛ بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئۇلار ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا ئاتالغان قوزىلارنى سويدى. [2] پادىشاھ كاھىنلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدى، ئۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. [3] ئۇ يەنە پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىگە ئۆزلىرىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ پاك-مۇقەددەس بولۇشقا تەلىم بەرگۈچى لاۋىيلارغا: ــ سىلەر مۇقەددەس ئەھدە ساندۇقىنى ئىسرائىل پادىشاھى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان سالدۇرغان ئۆيگە ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇڭلار؛ ئەمدى ئۇنى مۈرەڭلەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈش ۋەزىپىسى قالمىدى. ئەمدى سىلەر خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە، شۇنداقلا ئۇنىڭ خەلقى ئىسرائىلنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار. [4] شۇنىڭ ئۈچۈن جەمەتىڭلار ۋە نۆۋەت-گۇرۇپپاڭلار

3:35 «ئۇ يەنە پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىگە ئۆزلىرىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ پاك-

**بويىچە، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى داۋۇتنىڭ يازغىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى**
**سۇلايماننىڭ يازغىنىغا ئاساسەن، ئۆزۈڭلارنى ئوبدان تەييارلاڭلار.**
**[5] سىلەر ئۆز ئاتا جەمەتلىرىڭلارنىڭ نۆۋەت-گۇرۇپپا تەرتىپى بويىچە**
**قېرىنداشلىرىڭلاردىن ئىبارەت شۇ ئاددىي خەلق-پۇقرالار جەمەت-**
**جەمەتلىرىگە ۋەكىل بولۇپ، مۇقەددەسگاھتا تۇرىسىلەر؛ ھەربىر**
**گۇرۇپپىدا لاۋىي جەمەتىدىن بىرنەچچە ئادەم بولسۇن. [6] سىلەر ئۆتۈپ**
**كېتىش ھېيتىغا ئاتالغان قوزىلارنى سويۇسىلەر، ئۆزۈڭلارنى پاكلاڭلار،**
**ئىسرائىلدىكى قېرىنداشلىرىڭلار ئۈچۈن، يەنى ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگار**
**مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن تاپىلىغان سۆز-كالامىغا بېقىنىشى**
**ئۈچۈن، ھەممە ئىشنى تەييار قىلىڭلار، دېدى.**
**[7] يوسىيا شۇ يەردە ھازىر بولغان بارلىق خەلق-پۇقرالارنىڭ ئۆتۈپ**
**كېتىش ھېيتىغا ئاتىغان قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، جەمئىي ئوتتۇز**
**مىڭ قوزا ۋە ئوغلاق، ۋە يەنە ئۈچ مىڭ بۇقا ھەدىيە قىلدى؛ بۇ**
**ماللارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ مېلىدىن چىقىرىلغانىدى. [8] ئۇنىڭ**
**ئەمەلدارلىرىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خەلققە ۋە كاھىنلار بىلەن**
**لاۋىيلارغا قۇربانلىق مېلى «كۆتۈرمە ھەدىيە» قىلدى؛ پەرۋەردىگارنىڭ**

---

(1) **مۇقەددەس بولۇشقا تەلىم بەرگۈچى لاۋىيلارغا: ـــ»** ـــ باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى: «ئۇ يەنە پۈتكۈل ئىسرائىلغا تەلىم بېرىدىغان، ئۆزلىرىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بېغىشلىغان لاۋىيلارغا...»؛ (2) «ئۇ يەنە پۈتكۈل ئىسرائىلغا پەرۋەردىگارغا خاس مۇقەددەس ئىشلار توغرۇلۇق تەلىم بېرىدىغان لاۋىيلارغا...». **«... ئەمدى سىلەر خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە، شۇنداقلا ئۇنىڭ خەلقى ئىسرائىلنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار»** ـــ بۇ پۈتكۈل ئايەتنىكى خەۋەرگە قارىغاندا:

—(1) مەلۇم سەۋەبتىن ئەھدە ساندۇقى ئەڭ مۇقەددەس جايدىن يۆتكىۋېتىلگەنىدى. مۇمكىنچىلىكى بولغان سەۋەبلىرى بولسا (ئا) يوسىيا ئىبادەتخانىنى پاكلاش ئۈچۈن ئۇنى ۋاقىتلىق يۆتكەپ تۇرغان؛ (ئە) مەلۇم بىر رەزىل پادىشاھ بۇتپەرەسلىك مەقسىتى بىلەن ئۇنى ئۇ يەردىن يۆتكىۋەتكەنىدى؛ (ب) كاھىنلار بۇتپەرەسلەرنىڭ رەزىل نىيەتلىرىدىن قوغداش ئۈچۈن ئۇنى يۆتكەپ يوشۇرۇپ قويغانىدى؛ (پ) كاھىنلار يېرۇسالېمنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدىغان تاجاۋۇزچىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى يۆتكەپ يوشۇرۇپ قويغانىدى (مەسىلەن، 9:12 ۋە 4:25).

—(2) بۇ ئايەتكە قارىغاندا لاۋىيلارنىڭ (شۇنداقلا كاھىنلارنىڭ) ئەڭ مۇھىم ۋە چوڭ رولى ھازىر (ئىبادەتخانىدا پەرۋەردىگارنىڭ مەدھىيە ئىشلىرىدىن باشقا) ئىسرائىلغا تەلىم بېرىش كېرەك ئىدى (22:30نى كۆرۈڭ). ئىسرائىل سۈرگۈن بولغاندىن كېيىن ئەزرا بۇلارنىڭ ياخشى بىر ئۈلگىسى بولغانىدى.

ئۆيىنى باشقۇرغۇچىلاردىن ھىلقىيا، زەكەرىيا ۋە يەھىيەلمۇ ئىككى مىڭ ئالتە يۈز قوزا-ئۆچكە بىلەن ئۈچ يۈز بۇقىنى كاھىنلارغا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەدىيە قىلىپ تاپشۇردى. [9]لاۋىيلارنىڭ يولباشچىلىرى بولغان كونانىيا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن شېمايا بىلەن نەتانەل، شۇنداقلا ھاشابىيا، يەئىيەل ۋە يوزابادمۇ بەش مىڭ قوزا بىلەن بەش يۈز بۇقىنى لاۋىيلارنىڭ ھېيتقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشىغا «كۆتۈرمە ھەدىيە» قىلدى.
[10]شۇنداق قىلىپ، ئۆتىلىدىغان ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە، كاھىنلار ئۆز ئورنىدا تۇردى، لاۋىيلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەت-گۇرۇپپا تەرتىپى بويىچە تۇرۇشتى. [11]لاۋىيلار ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا ئاتالغان قوزىلارنى بوغۇزلىدى؛ كاھىنلار ئۇلارنىڭ قولىدىن قاننى ئېلىپ قۇربانگاھقا سەپتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لاۋىيلار قۇربانلىق مالنىڭ تېرىسىنى سويدى. [12]كۆيدۈرمە قۇربانلىققا سۇنۇلىدىغان ماللارنى بولسا، ئۇلار خەلق-پۇقرالارغا ۋەكىل بولغان جەمەتلەر بويىچە خەلققە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنى مۇسانىڭ كىتابىدا يېزىلغىنىغا مۇۋاپىق، پەرۋەردىگارغا سۇنۇشقا تەييارلىدى. سۇنۇلىدىغان بۇقىلارنىمۇ شۇنداق قىلدى. [13]ئاندىن بەلگىلىمە بويىچە ئۇلار ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا ئاتالغان قوزا-ئۆچكىلەرنى ئوتتا قاقلاپ كاۋاپ قىلدى؛ باشقا قۇربانلىقلاردىن قالغان، يەنى خۇداغا ئاتالغان قىسىملارنى قازاندا، داڭقاندا ياكى داستا پىشۇرۇپ تېزدىن خەلق-پۇقرالارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى؛ [14]شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىگە ۋە كاھىنلارغا قۇربانلىقلاردىن تەييارلىدى، چۈنكى كاھىنلار، يەنى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى كەچ كىرگۈچە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىش ۋە مايلارنى كۆيدۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى؛ شۇڭا لاۋىيلار ئۆزلىرىگە ۋە كاھىنلار بولغان ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ قۇربانلىقلاردىن گۆش تەييارلاپ قويۇشتى. [15]ناۋا-نەغمىچىلەر، يەنى ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرى داۋۇت، ئاساف، ھېمان ۋە داۋۇت پادىشاھنىڭ ئالدىن كۆرگۈچىسى يەدۇتۇننىڭ

تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇشتى؛ دەرۋازىۋەنلەر ھەرقايىسىسى ئۆز دەرۋازىسى ئالدىدا تۇردى؛ ئۇلارنىڭ ئىش ئورنىدىن ئاجرىشىنىڭ ھاجىتى بولمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان لاۋىيلار قۇربانلىقلاردىن تەييارلاپ قوياتتى.[16] شۇنداق قىلىپ، شۇ بىر كۈن ئىچىدە يوسىيا پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزۈلۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانگاھىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار سۇنۇلۇشى بىلەن پەرۋەردىگارغا بېغىشلاپ ئۆتكۈزۈلگەن ئىبادەت تولۇق ئورۇنلاندى.[17] شۇ چاغدا ھازىر بولغان ئىسرائىللار ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، يەتتە كۈن پېتىر نان ھېيتىنى ئۆتكۈزدى.[18] سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ زامانىدىن بۇيان ئىسرائىلدا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى مۇنداق ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغانىدى؛ ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ ھېچقايىسىسىمۇ يوسىيا، كاھىنلار، لاۋىيلار ۋە شۇ يەردە ھازىر بولغان يەھۇدالار بىلەن ئىسرائىللار ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ئۆتكۈزگەندەك مۇنداق ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى.[19] بۇ قېتىمقى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى يوسىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلى ئۆتكۈزۈلدى.

## يوسىيانىڭ سەلتەنتى ئاخىرلىشىدۇ

[20] يوسىيا مۇقەددەس ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى مۇشۇنداق تەرتىپكە سېلىپ بولغاندىن كېيىن، مىسىر پادىشاھى نەقو ئەفرات دەرياسىنىڭ بويىدىكى كاركېمىش شەھىرىدە ئۇرۇشقا چىقتى، يوسىيا ئۇنىڭ ئالدىنى توسقىلى چىقتى.[21] نەقو يوسىيانىڭ ئالدىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: «ئى يەھۇدا پادىشاھى، ئۆزلىرىنىڭ مېنىڭ بىلەن نېمە كارلىرى بار؟ بۈگۈن مەن سىلى بىلەن ئۇرۇشقىلى ئەمەس، بەلكى مېنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان جەمەت بىلەن ئۇرۇشقىلى چىققانمەن؛ يەنە كېلىپ، خۇدا مېنى تېز ھۇجۇم قىل، دېدى؛ خۇدانىڭ سىلىنى ھالاك قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىشىغا كاشىلا قىلمىسىلا، چۈنكى ئۇ مېنىڭ بىلەن بىللىدۇر» دېدى.[22] لېكىن يوسىيا ئۇنىڭ

بىلەن قارشىلىشىشتىن يانمىدى، ئەكسىچە ئۆزىنى نىقابلاپ ئۇنىڭغا جەڭ قىلغىلى چىقتى؛ ئۇ خۇدانىڭ نەقونىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقان گېپىگە قۇلاق سالماي، مەگىددو تۈزلەڭلىكىگە كېلىپ نەقو بىلەن تۇتۇشتى. [23] ئوقياچىلار يوسىيا پادىشاھقا ئوق ئېتىپ ئۇنىڭغا تەگكۈزدى؛ پادىشاھ خىزمەتكارلىرىغا: ــ مەن ئېغىر يارىلاندىم، مېنى ئېلىپ كېتىڭلار، دېدى. [24] ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنى جەڭ ھارۋىسىدىن يۆلەپ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى جەڭ ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ يېرۇسالېمغا ئېلىپ مېڭىۋىدى، ئۇ شۇ يەردە ئۆلدى. ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى؛ بارلىق يەھۇدا ۋە يېرۇسالېمدىكىلەر يوسىياغا تەزىيە تۇتۇشتى. [25] يەرەمىيا پەيغەمبەر يوسىيا ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇدى؛ نەغمە-ناۋاچى ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى تاكى بۈگۈنگىچە يوسىيانى تەرىپلەپ مەرسىيە ئوقۇپ كەلمەكتە؛ ئۇ ئىش ئىسرائىلدا بەلگىلىمىگە ئايلاندى. مانا بۇلار «مەرسىيەلەر» دېگەن كىتابقا پۈتۈلگەندۇر. [26] يوسىيانىڭ قالغان ئىشلىرى، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات كىتابىدا يېزىلغانلىرىغا ئەگەشكەن ياخشى ئەمەللىرى، [27] قىلغانلىرى باشتىن-ئاخىرىغىچە ھەممىسى «يەھۇدا ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەندۇر.

## يەھوئاھاز سەلتەنەت قىلدۇ

2پاد. 23:31-35

36 [1] يەھۇدا زېمىنىدىكى خەلق يوسىيانىڭ ئوغلى يەھوئاھازنى تاللاپ، يېرۇسالېمدا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [2] يەھوئاھاز تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە ئۈچ ياشتا ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا ئۈچ ئاي سەلتەنەت قىلدى. [3] مىسىر پادىشاھى ئۇنى يېرۇسالېمدا پادىشاھلىقتىن بىكار قىلدى ۋە يەھۇدا زېمىنىغا

25:35 **«يەرەمىيا ... مەرسىيە ئوقۇدى»** ــ ياكى «يەرەمىيا... مەرسىيە يازدى».

بىر يۈز تالانت كۈمۈش، بىر تالانت ئالتۇن جەرىمانە قويدى. [4] ئاندىن مىسىر پادىشاھى يەھوئاھازنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى ئېلىئاكىمنى يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېم ئۈستىگە پادىشاھ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى يەھوئاكىمغا ئۆزگەرتتى؛ ئاندىن نەقو ئىنىسى يەھوئاھازنى مىسىرغا ئېلىپ كەتتى.

## يەھوئاكىم سەلتەنەت قىلدۇ

2پاد. 23:36-37؛ 24:1-7

[5] يەھوئاكىم تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە بەش ياشتا بولۇپ، ئۇ يېرۇسالېمدا ئون بىر يىل سەلتەنەت قىلدى؛ ئۇ پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغانني قىلدى. [6] بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغىلى چىقىپ، ئۇنى مىس زەنجىر بىلەن باغلاپ بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [7] نېبۇقادنەسار يەنە پەرۋەردىگار ئۆيىدىكى بىر قىسىم ئەسۋاب-بۇيۇملارنى بابىلغا ئاپىرىپ، ئۆزىنىڭ بابىلدىكى بۇتخانىسىغا قويدى. [8] يەھوئاكىمنىڭ قالغان ئىشلىرى، ئۇنىڭ يىرگىنچلىك ئىشلىرى، ئۇنىڭدىكى ئەيىبلەر بولسا مانا، «ئىسرائىل ۋە يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا پۈتۈلگەندۇر. ئۇنىڭ ئوغلى يەھوئاكىن ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## يەھوئاكىن سەلتەنەت قىلدۇ

2پاد. 24:8-17

[9] يەھوئاكىن تەختكە چىققان چېغىدا ئون سەككىز ياشتا بولۇپ، ئۇ يېرۇسالېمدا ئۈچ ئاي ئون كۈن سەلتەنەت قىلدى؛ ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغانني قىلدى. [10] يېڭى يىل ئۆتكەندە، نېبوقادنەسار ئادەم ئەۋەتىپ يەھوئاكىننى پەرۋەردىگار ئۆيىدىكى ئېسىل بۇيۇملار

---

3:36 **«بىر يۈز تالانت كۈمۈش»** ــ 100 تالانت كۈمۈش بەلكىم 3400 كىلوگرام، بىر تالانت ئالتۇن 34 كىلوگرام بولۇشى مۇمكىن.

9:36 **«ئون سەككىز ياشتا»** ــ بەزى كونا كۆچۈرملەردە «سەككىز ياشتا» دېيىلىدۇ.

بىلەن بىرلىكتە بابىلغا ئەكەلدۇرۇپ، يەھوئاكىننىڭ تاغىسى زەدەكىيانى يەھۇدا ۋە يېرۇسالېم ئۈستىگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.

## زەدەكىيا سەلتەنەت قىلدۇ

2پاد. 24:18-20؛ 25:1-12؛ يەر. 52:1-30

[11] زەدەكىيا تەختكە چىققان چېغىدا يىگىرمە بىر ياشتا بولۇپ، يېرۇسالېمدا ئون بىر يىل سەلتەنەت قىلدى؛ [12] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغانىنى قىلدى؛ يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ يەرەمىيانىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن قىلمىدى؛ [13] ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ نامىدا بېقىنىش قەسىمىنى ئىچكۈزگەن نېبوقادنەسساردىن يۈز ئۆرىدى؛ بوينىنى قاتتىق قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا توۋا قىلىپ يېنىشقا كۆڭلىنى جاھىل قىلدى. [14] ئۇنىڭ ئۈستىگە، كاھىنلارنىڭ بارلىق باشلىرى بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسى يات ئەللىكلەرنىڭ ھەممە يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى دوراپ، ئاسىيلىقلىرىنى ئاشۇردى؛ ئۇلار پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدا ئۆزىگە ئاتاپ مۇقەددەس قىلغان ئۆيىنى بۇلغىۋەتتى.

[15] ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە ۋە تۇرالغۇسىغا ئىچىنى ئاغرىتقاچقا، تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىزچىل ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى. [16] بىراق ئۇلار خۇدانىڭ ئەلچىلىرىنى مازاق قىلىپ، سۆز-كالاملىرىنى مەنسىتمەيتتى، پەيغەمبەرلىرىنى زاڭلىق قىلاتتى؛ ئاخىر بېرىپ پەرۋەردىگارنىڭ قەھرى ئۆرلەپ، قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خەلقنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

---

10:36 «يەھوئاكىننىڭ تاغىسى» — ئىبرانىي تىلىدا «يەھوئاكىننىڭ قېرىندىشى».

15:36 «پەرۋەردىگار .... تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ... ئەۋەتىپ...» — خۇدانىڭ ئۇلارنى بالدۇر ۋە كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

16:36 «قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە» — ئىبرانىي تىلىدا «داۋالىغۇسىز دەرىجىدە».

## بابىللار يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلىدۇ

[17] پەرۋەردىگار شۇنىڭ بىلەن كالدىيلەرنىڭ پادىشاھىنى ئۇلارغا
ھۇجۇمغا سېلىۋىدى، پادىشاھ ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ئۆيىدە ياشلىرىنى
قىلىچلىدى؛ قىز-يىگىتلەر، قېرىلار، بېشى ئاقارغانلارغا ھېچ
ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرماي، ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ خۇدا بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى كالدىيە پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. [18] كالدىيە
پادىشاھى خۇدانىڭ ئۆيىدىكى چوڭ-كىچىك دېمەي، بارلىق قاچا-
بۇيۇملارنى، شۇنداقلا پەرۋەردىگار ئۆيىدىكى خەزىنىلەرنى، شۇنىڭدەك
پادىشاھنىڭ ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ خەزىنىلىرىنى قويماي، بابىلغا ئېلىپ
كەتتى. [19] كالدىيلەر خۇدانىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، يېرۇسالېمنىڭ
سېپىلىنى چېقىۋەتتى، شەھەردىكى ھەممە ئوردا-قورغانلارغا ئوت قويۇپ
كۆيدۈرۈپ، يېرۇسالېمدىكى بارلىق قىممەتلىك قاچا-بۇيۇملارنى چېقىپ
كۇكۇم-تالقان قىلدى. [20] قىلىچتىن ئامان قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى
كالدىيە پادىشاھى بابىلغا تۇتقۇن قىلىپ ئەكەتتى؛ ئۇلار تاكى پارس
پادىشاھلىقىنىڭ سەلتەنىتىگىچە بابىل پادىشاھى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ
قۇللۇقىدا بولۇپ تۇردى. [21] بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ
يەرەمىيانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئالدىن ئېيتقان ئاگاھ سۆزى ئىشقا
ئاشۇرۇلۇش ئۈچۈن بولدى. شۇنىڭ بىلەن زېمىن ئۆزىگە تېگىشلىك
شابات كۈنلىرىگە مۇيەسسەر بولدى؛ چۈنكى زېمىن يەتمىش يىل
توشقۇچە خارابىلىكتە تۇرۇپ «شابات تۇتۇپ» دەم ئېلىپ راھەتلەندى.

**21:36 «پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىيانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقان سۆزى..»** — كۆرسىتىلگەن بۇ سۆز «يەر.» 25:11، 29:10 قاتارلىق ئايەتلەردە تېپىلىدۇ. **«زېمىن «شابات تۇتۇپ» دەم ئالدى»** — ئىنتايىن ھەجۋىي گەپتۇر. ئەسلىدە مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان تەۋرات قانۇنى بويىچە («لاۋ.» 25:4) زېمىن ھەر يەتتىنچى يىلدا بىر يىل («شابات يىلى»دا) دەم ئېلىشى كېرەك ئىدى — دېمەك، ئۇنىڭدا ھېچ تېرىقچىلىق قىلىشقا بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە ئىسرائىللار زېمىننى ئىگىلىگەندىن تارتىپ يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىگىچە بولغان 490 يىلدا زېمىن ھېچ «دەم ئالغان» ئەمەس ئىدى. شۇڭا زېمىننىڭ خەلقتىن ئالىدىغان 70 يىللىق ئاراملىق قەرزى بار ئىدى؛ خەلق بابىلدا 70 يىل سۈرگۈن بولغاندا زېمىن ئۇلاردىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رەزىللىكىدىن «دەم ئالدى».

—بۇ تېمىدا يەنە «يەرەمىيا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**21:36** ئەزرا 1:1-3؛ يەر. 25:12؛ 29:10؛ دان. 2:9

ئەزرا 1:1-3؛ يەر. 12:25؛ 10:29؛ دان. 2:9

[22]پارس پادىشاھى قۇرەشنىڭ بىرىنچى يىلى، پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىيانىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ پارس پادىشاھى قۇرەشنىڭ روھىنى قوزغىشى بىلەن پۈتۈن پادىشاھلىقى تەۋەسىدە ئۇ مۇنداق بىر جاكارنامە چىقاردى، شۇنداقلا ئۇنى يازما قىلىپ پۈكۈپ: — [23]«پارس پادىشاھى قورەش مۇنداق دەيدۇ: — ئاسمانلارنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ماڭا بەردى؛ ئۇ شۇنداقلا مېنى يەھۇدا زېمىنىدىكى جايلاشقان يېرۇسالېمدا ئۆزىگە بىر ئۆي سېلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاراڭلاردا خۇدانىڭ خەلقى بولغان ھەرقايسىڭلارغا بولسا، ئۇنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاي، ئۇ شۇ يەرگە چىقسۇن!» دېدى.

# قوشۇمچە سۆز

نېمىشقا «سامۇئىل» ۋە «پادىشاھلار»دا خاتىرىلەنگەن تارىخلاردىن بەزىلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى «تارىخ-تەزكىرە»دە قايتىلىنىدۇ؟

بۇ ئورۇنلۇق سوئال، ئەلۋەتتە. ھەربىر ئىشەنچلىك تارىخ بولسا ھەقىقەتنىڭ مەلۇم بىر جەھەتلىرىنى كۆرسىتىش ياكى تەكىتلەش ئۈچۈن مەلۇم بىر نۇقتىئىنەزەردىن يېزىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ گەرچە «تارىخ-تەزكىرە» بىلەن «سامۇئىل» ۋە «پادىشاھلار»نىڭ كۆپ ئورتاق تەپسىلاتلىرى بولسىمۇ، ئۇلار ئوخشىمىغان ئىشلارنى تەكىتلەش ئۈچۈن يېزىلغان. «تارىخ-تەزكىرە» بىلەن «سامۇئىل» ۋە «پادىشاھلار»دىكى ئوخشىمايدىغان جەھەتلەرنى تۆۋەندىكى ئاددىي سېلىشتۇرمىدىن كۆرەيلى: ـ

| «سامۇئىل»١«پادىشاھلار» | «تارىخ-تەزكىرە» |
|---|---|
| سائۇل دەۋرىدىن سۈرگۈن بولۇشقىچە<br><br>(500 يىللىق مەزگىل) | ئادەمئاتىمىزدىن باشلاپ،<br>سۈرگۈن بولۇپ قايتقۇچە<br>(بىرنەچچە مىڭ يىللىق مەزگىل) |
| ئىش-ۋەقەلەردىن ئۇزۇن ئۆتمەي<br>يېزىلغان | ئىش-ۋەقەلەردىن ئۇزۇن ۋاقىتتىن<br>كېيىن يېزىلغان |
| ئاساسەن سىياسىي تارىخ | ئاساسەن «روھىي تارىخ» |
| پەيغەمبەرلەرنىڭ خىزمىتىنى<br>تەكىتلەيدۇ | كاھىنلارنىڭ خىزمىتىنى تەكىتلەيدۇ |
| شىمالىي ۋە جەنۇبىي پادىشاھلار<br>توغرۇلۇق | جەنۇبىي پادىشاھلار توغرۇلۇق |
| ئىنسانلارنىڭ گۇناھ-قەبىھلىكلىرى پاش<br>قىلىنغان | خۇدانىڭ سۆزىدە تۇرىدىغانلىقى<br>كۆرسىتىلگەن |
| پادىشاھلارنىڭ گۇناھلىرى تەكىتلىنىدۇ | پادىشاھلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى (بار<br>بولسا) تەكىتلىنىدۇ |

روشەنكى، ئېيتقىنىمىزدەك «تارىخ-تەزكىرە»نى يازغان تەزكىرىچى جەنۇبىي پادىشاھلىقنى، بولۇپمۇ داۋۇتنى ئۈلگە قىلغان، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئىلتىپات-ياردىمىگە ئېرىشكەن ياخشى پادىشاھلارنى نۇقتا قىلغان. ئۇ شىمالىي پادىشاھلىقنىڭ تارىخىنى بايان قىلمايلا قالماي، بەلكى تۆۋەندىكى ئىشلارنىمۇ تىلغا ئالمايدۇ: —

(ئا) سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ پادىشاھلارنى تاللاش جەريانىدا ئوينىغان رولىنى تىلغا ئالمايدۇ؛

(ئە) سائۇل پادىشاھنىڭ تارىخى بەك قىسقا بايان قىلىنىدۇ؛

(ب) گەرچە داۋۇت پادىشاھنىڭ بەزى ئىشلىرى بەك تەپسىلىي ھالدا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ سائۇل پادىشاھ تەرىپىدىن ئۇچرىغان زىيانكەشلىك، ئۇنىڭ ھېبروندا يەھۇدا ئۈستىدىكى ئايرىم سەلتەنىتى، ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئاياللىرى، ئۇنىڭ بات-شېبا بىلەن ئۆتكۈزگەن ئېغىر گۇناھى ۋە نەتىجىسى بولغان ئوغلى ئابشالوم كۆتۈرگەن ئىسيان ھېچ تىلغا ئېلىنمايدۇ.

(پ) سۇلايماننىڭ ئىبادەتخانىنى سالغانلىقى ئالتە باب سەھىپىنى ئىگىلەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئايال-كېنىزەكلىرى، ئۇنىڭ بۇتلارنى ئوردىغا كىرگۈزۈشكە يول قويغانلىقى تىلغا ئېلىنمايدۇ.

بۇنداق «سۈكۈت» يانباسارلىق ياكى تەرەپبازلىق ياكى مىللەتچىلىكمۇ؟ «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، بىز ھەرگىز ئۇنداق قارىمايمىز. «تارىخ-تەزكىرە»نىڭ مۇئەللىپى ئوقۇرمەنلەرنى خېلى بۇرۇنلا «سامۇئىل» ۋە «پادىشاھلار»نى ئوقۇغان، داۋۇت ۋە سۇلايماننىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى ئاللىقاچان ئوبدان بىلگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا بۇ ئىشلارنى قايتىلاشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. خۇدا «كونا خامانىنى سورىغۇچى» ئەمەس، ۋە ئۇنىڭ خەلقىمۇ ئۇنداق بولماسلىقى كېرەكتۇر. ئۇ ئىنساننىڭ مەلۇم گۇناھلارنى ئوچۇق پاش قىلىشىدىن ھېچ ھۇزۇر ئالمايدۇ ۋە ئەگەر شۇنداق قىلسا، پەقەت بىزلەر ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ساۋاق ئېلىشىمىز ئۈچۈن قىلىدۇ ۋە تەپسىلاتلىرىنى كۆرسىتىشتە كېرەكلىك دەرىجىدىن ھەرگىز ئاشۇرمايدۇ.

يەھۇدىيلار بابىل ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن بولۇپ، يەتمىش يىل ئۆتكەندە خېلى كۆنۈپ قالغاندى. ئەمدى بۇ ھالاۋەت ۋە بىخەتەرلىك ھالەتنى تاشلاپ، پەلەستىندە (قانائان زېمىنىدا) يېڭى دۆلەت بەرپا قىلىشقا قايتقان جۈرئەتلىك ئەر-ئاياللارغا بولسا قايسى ئىشلارنىڭ ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ بابىلغا سۈرگۈن قىلىنىشقا سەۋەب بولغانلىقى توغرۇلۇق ھېچ ئەسكەرتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلارغا كېرەك بولغىنى بولسا، ئۆز شەھەرلىرىنى ۋە ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرۇشقا رىغبەت-ئىلھامدىن ئىبارەت ئىدى. «تارىخ-تەزكىرە»نىڭ مۇئەللىپى ياكى مۇئەللىپلىرى دەل مۇشۇ رىغبەت-ئىلھامنى تەمىنلەيدۇ. رىغبەت بېرىشكە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت-

زوقلىرىنى تارتىدىغان تۆۋەندىكى ئامىللار بار: —

(ئا) خۇدانىڭ ئىبراھىمدىن باشلاپ يەھۇدىي خەلقىنى ئەللەر ئارىسىدىن ئالاھىدە ئۆز خەلقى بولۇشقا چاقىرغانلىقى (ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، مەزكۇر كىتابتىكى نەسەبنامىلەر ئادەمئاتىمىزدىن باشلىنىدۇ).

(ئە) خۇدانىڭ داۋۇتقا «مەڭگۈ ئۆچۈرمەس چىراغ بولغان بىر پادىشاھلىق» توغرۇلۇق بەرگەن ۋەدىسى.

(گەرچە سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەنلەر تېخى پارس ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغىنى بىلەن، خۇدانىڭ داۋۇتنىڭ تەختى توغرۇلۇق بولغان بۇ قىممەتلىك ۋەدىلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولىدىغان، ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولىدىغان، بەيت-لەھەمدە تۇغۇلىدىغان مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىغا تىكتۈرىدۇ. ئوقۇرمەنلەر كىتابتىكى نەسەبنامىلەردە زەرۇببابەل دېگەن ئادەم توغرۇلۇق تەپسىلىي كۆرستىلگەنلىكىنى بايقايدۇ. زەرۇببابەل ئىككى تەرەپتىن رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ئەجدادى، يەنى ھەم يۈسۈپ تەرەپتىن (يۈسۈپ تەۋرات قانۇنى جەھەتتىن ئۇنىڭ ئاتىسى دەپ ھېسابلانغان) ھەم مەريەم تەرەپتىن مەسىھنىڭ ئەجدادى بولغان «مات.» 12:1، 13 ۋە 16 ۋە «لۇقا» 23:3 ۋە 27نى كۆرۈڭ).

(ب) گەرچە ئەل-يۇرت ئىچىدە قەبىھلىك ئېغىر بولغىنى بىلەن، خۇدا ئۆزىنى ئىزدىگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ سۇلايمان ئارقىلىق قۇرغۇزغان ئىبادەتخانىسىدا ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان پادىشاھلارغا كۈچلۈك ياردەم ۋە بەرىكەت بەرگەنلىكى؛

(پ) خۇدا شۇ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق «مېنىڭ نامىم شۇ يەردە بولۇش ئۈچۈن مەن شۇ يەرنى تاللىغانمەن» دەپ ئېيتقانلىقى («1تار.» 22:9-10، «2تار.» 2:1، 6:6، 8:6، 9:6، 14:7، 20:7، 8:20-9، 4:33، 7:33).

(ت) داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ ئىبادەتخانىنى قۇرۇشى ۋە شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ ئۇنى ئۆز شان-شەرىپىگە تولدۇرغانلىقى («2تار.» 5-6-بابلار) ئوقۇرمەنگە شۇ ئۈمىدنى يەتكۈزىدۇكى، «داۋۇتنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئوغلى» مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى كەلگەندە تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك مەڭگۈلۈك بىر ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ. سۈرگۈن بولۇشتىن قايتىپ كەلگەنلەرگە يەتكۈزۈلگەن بىرنەچچە بېشارەتلەرنىڭ تۈپ مەنىسى شۈبھىسىزكى، دەل شۇ مەنىدە (مەسىلەن «ھاگ.» 9:2نى ۋە ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ).

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى مەسىھكە ئېتىقاد باغلىغۇچى بولسا بىز ئۇلارغا: «بىز ئۈشبۇ «تارىخ-تەزكىرە»نى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇغانلارغا ئوخشاش، بۇ دۇنيادا «ۋەتىنىمىز ئەرشتىن ۋاقىتلىق ئايرىلغان مۇساپىرلار» سۈپىتىدە بولىمىز» دەپ ئەسلىتىمىز («ياق.» 1:1، «1پېت.» 1:1 ۋە 1:2نى كۆرۈڭ). گەرچە ھەرخىل ئېغىر قەبىھلىك ۋە چىرىكلىشىشلەر (ھەتتا خۇدانىڭ ئۆز جامائىتىدە) ئەتراپىمىزغا ئولاشقان بولسىمۇ، «تارىخ-تەزكىرە»دىكى قەدىمكى پادىشاھلاردەك بىز خۇدانى ئىزدەيدىغان، ئۆز ھاياتىمىزدىن ھەرتۈرلۈك «بۇتپەرەسلىك» ۋە ناپاكلىقنى چىقىرىۋېتەلەيدىغان بولدۇق؛ ۋە شۇنداق قىلساق، ئۇنىڭدىن كۈچلۈك مەدەت كۆرۈشىمىز مۇمكىن. مەسىھنىڭ ئالەمشۇمۇل جامائىتىنىڭ تارىخىدا شۇ مەدەت بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر رەزىل يوللىرىدىن قۇتقۇزۇلۇپ نىجات تاپقان ۋە گاھى ۋاقىتلاردا خۇدانىڭ شۇ مەدىتى بىلەن ھەتتا تولۇق بىر ئەل-يۇرتنى باسقان بۇزۇقچىلىق ئاشۇ دەۋردە كەينىگە ياندۇرۇلغان.

## نەسەبنامىلەر — نېمىشقا خاتىرىلىنىدۇ؟

بۇ سوئالغا يۇقىرىقى ئابزاستا قىسمەن جاۋاب بەردۇق، دەپ ئويلايمىز. «تارىخ-تەزكىرە»نى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇغانلار سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ سانلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى («ئەزرا» 2-باب، «نەھ.» 7-بابنى كۆرۈڭ). بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئىبراھىمغا بەرگەن ۋەدىسىنى چىڭ تۇتۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى: —

«مەن سېنى ئۇلۇغ بىر خەلق قىلىپ، ساڭا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىپ، نامىڭنى ئۇلۇغ قىلىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن سەن ئۆزۈڭ باشقىلارغا بەخت-بەرىكەت بولىسەن؛
كىملەر سېنى بەرىكەتلىسە مەن ئۇلارنى بەرىكەتلەيمەن،
كىمكى سېنى خورلىسا مەن چوقۇم ئۇنى لەنەتكە قالدۇرىمەن؛
سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىدۇ!» («يار.» 2:12-3).

بۇ ۋەدىلەرگە ئىبراھىمنىڭ بارلىق جىسمانىي ئەۋلادلىرى_ۋارىسلىق قىلاتتى. بۇ بەختنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلە-جەمەتلىرىنىڭ ھەربىر ئەزاسى يەشۇئا پەيغەمبەر ئارقىلىق پەلەستىندىكى بىر پارچە يەرگە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ پارچە زېمىن ئاۋۋال ئۆزىگە ئاندىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەڭگۈ تەۋە، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەرگىز چىقمايدىغان بولاتتى. ھەتتا ئۇلار ئۇنى باشقىلارغا سېتىپ بەرگەن بولسىمۇ، «ئازادلىق يىلى»دا ئۇ بارلىق مۇناسىۋەتلىك قەرزلەردىن خالاس بولغان ھالەتتە ئۇلارغا ياكى ئەۋلادلىرىغا قايتۇرۇلىدۇ («لاۋ.» 25:10-55، بولۇپمۇ 23-28).

ئەمما سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەن ئادەملەر ئۆزى ۋارىسلىق قىلىدىغان يەرلەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيتتى؟ ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان مىراس نېمە بولاتتى؟ بۇ ئەھۋاللار ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئەجدادىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشى مۇتلەق زۆرۈر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن «تەزكىرە»چى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇن ئىككى قەبىلىنىڭ نەسەبىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەلۇماتلارنى توپلايدۇ. ئۇ ھەتتا ئالدى-كەينىدىكى مەلۇماتلار ئانچە باغلاشمايدىغان، مەنىسىنى چۈشىنىش تەس بولغان بەزى ئۇچۇرلارنى نەسەبنامىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ (مەسىلەن «1تار.» 4:11-14نى كۆرۈڭ). بۇ بارلىق تىرىشىشلارنىڭ مەقسىتى بولسا، قايتىپ كەلگەن مۇساپىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تېپىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان مىراسقا مۇيەسسەر بولۇشىدىكى ئەڭ چوڭ ئىمكانىيىتى بولۇشى ئۈچۈن ئىدى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىزنىڭ روھىي نەسەبنامىڭىز بارمۇ؟ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خۇدانىڭ ئىبراھىمغا جىسمانىي بەختلەر توغرۇلۇق ۋەدىلىرى ئۇنىڭ جىسمانىي ئەۋلادلىرىغا قىلىنغان، لېكىن بۇلاردىن تېخىمۇ ئۇلۇغ روھىي بەختلەر مەسىھگە ئېتىقاد باغلاش ئارقىلىق ئىبراھىمنىڭ «روھىي ئەۋلادلىرى»غا ۋەدە قىلىنغاندۇر («رىملىقلارغا» 4-باب، «گال.» 3:6-9، 29، 4:21-31نى كۆرۈڭ). ھېچكىم بۇ روھىي بەختلەرگە ئۆز جىسمانىي ئاتا-ئانىسى ئارقىلىق ياكى مەلۇم بىر مىللەتتىن كېلىپ چىققانلىقى بىلەن ۋارىسلىق قىلالمايدۇ. پەقەت «خۇدادىن قايتىدىن تۇغۇلغانلار» بۇ مىراسنى ئالىدۇ («يۇھ.» 1:10-14).

سىز خۇدادىن تۇغۇلغانمۇ؟

## باشقا «ئىسىم تىزىملىكلىرى»

نەسەبنامىلەردىن باشقا «تارىخ-تەزكىرە»دە باشقا تىزىملىكلەر، مەسىلەن، داۋۇتنىڭ «باتۇر پالۋانلىرى»نىڭ تىزىملىكى ۋە داۋۇت قېيىن ئەھۋالدا قالغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا قوشۇلغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكلىرى ئۇچرايدۇ («1تار.» 11-12-بابلارنى كۆرۈڭ). بۇلارنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

بىز يەنە بىر قېتىم بۇ قايتىپ كەلگەن مۇساپىرلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ئويلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، خۇداغا سادىق بولغان بۇ «خەلقنىڭ قالدىسى»نىڭ ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى، باشقا ئەللەرنىڭ ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە ئىبادەتخانا قۇرۇشىغا بولغان كۈچلۈك قارشىلىقى ۋە قۇرۇۋاتقان ئىبادەتخانىنىڭ كۆلىمىنىڭ كىچىكلىكى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن قېتىملاپ رايىدىن قايتقۇسى كېلەتتى («ھاگ.» 2:1-9). لېكىن «تارىخ-تەزكىرە»دىكى بۇ خاتىرە-تىزىملىكلەر ئۇلارغا خۇدا ئالدىدا ھەربىرىمىزنىڭ شەخسىي خىزمىتىدىكى ھەربىر ئايرىم ئىشنىڭ ئەھمىيىتى باردۇر، دەپ ئەسلىتىدۇ. گەرچە خۇدانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرى يەر يۈزىدە خاتىرىلەنمىگەن ياكى ئۇنتۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەرشتىكى خاتىرىلەردە مەڭگۈ پۈتۈكلۈكتۇر. «تارىخ-تەزكىرە» بىزگىمۇ مۇشۇ توغرۇلۇق ئەسلەتمەمدۇ؟

«شۇڭا، ئى قېرىنداشلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن هارمايلى. ئۇنىڭغا ئىرىنمىسەك ۋاقتى-سائىتى توشقاندا چوقۇم ھوسۇل ئالالايمىز» («گال.» 6:9).

# تەۋرات 15-قىسىم

# «ئەزرا»

## كىرىش سۆز

### كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەزمۇنى

مەزكۇر قىسقا كىتاب ئىسرائىلنىڭ بابىلدىكى «سۈرگۈنلۈكى»دىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشى ۋە كېيىنكى سەكسەن نەچچە يىللىق قىسقا تارىخىنىڭ خاتىرىسىدۇر (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلىدىن 457-يىلىغىچە).

ئىسرائىل خۇداغا بولغان ۋاپاسىزلىقى، ئۆتكۈزگەن بۇتپەرەسلىكى ھەمدە ھەرخىل ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ بابىلدا يەتمىش يىل سۈرگۈن بولغانىدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلىدىن 538-يىلىغىچە). يەشايا پەيغەمبەرنىڭ 150 يىل ئىلگىرىكى بىر بېشارىتى بويىچە، پارس ئىمپېراتورى قورەش: ــ «بارلىق سۈرگۈن بولغان خەلقلەر خالىسا، ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا ئىجازەت» دېگەن كىشىنى ھەيران قالارلىق بىر يارلىق چۈشۈردى. يەشايا پەيغەمبەر شۇ بېشارىتىدە ھەتتا شۇ مۇنەۋۋەر ئىمپېراتورنىڭ ئىسمىنىمۇ ئالدىنئالا ئېيتىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا تارىخىدا بۇنىڭدىن باشقا ئاشۇنداق بىر يارلىق يوق دېيەرلىك. بۇ ئومۇمىي يارلىقتىن باشقا، قورەش قايتماقچى بولغان يەھۇدىي خەلقىگە يەنە: «سىلەر 70 يىل ئىلگىرى ۋەيران قىلىنغان يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن سىلەر قايتىدىن قۇربانلىق قىلالايدىغان، مەنكى ئىمپېراتور ئۈچۈن ۋە ئائىلەمدىكىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلالايدىغان بولىسىلەر» دېگەن يەنە بىر يارلىقنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا ئىنتايىن زور بىر ھەدىيە ئىنئام قىلدى.

ھالبۇكى، پەقەت چەكلىك بىر قىسىم ئادەملەرلا شۇنداق قىلىشنى تاللىۋالدى. قالغان كىشىلەر مېسوپوتامىيەدە تۇرۇۋەردى. ئۇلار شۇ يەرنىڭ راھەت تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغان، ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق ھاياتىنى سودىگەرلىككە ئالماشتۇرغان بىر خەلق بولۇپ قالغانىدى. بۇ ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىشىشى بىلەن يەھۇدىي خەلقىنىڭ سودا قىلىش قابىلىيىتىنىڭ داڭقى چىققان.

قايتىپ كەلگەن كىشىلەر («خۇدانىڭ قالدىسى») زور ئۈمىدلەر بىلەن قايتتى؛ يەشايا، يەرەمىيا ۋە ئەزاكىيال پەيغەمبەرلەر «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» ۋە ئۇنىڭ تىلسىمات پادىشاھلىقى توغرۇلۇق كارامەت بېشارەتلەرنى بەرگەنىدى. كىشىلەرنىڭ «بۇ بېشارەتلەر تېزلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلامدىكىن» دەيدىغان زور ئۈمىدلىرى بار ئىدى. بىراق ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئۆيلىرىنى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قايتا قۇرۇشتىكى جاپالىق ئىشلارغا يۈزلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى ئەللەر ئۇلارغا كۆپ ئاۋارىچىلىك سېلىپ بەردى. شۇڭا مەزكۇر كىتاب ۋە «نەھەمىيا» دېگەن كىتابتىمۇ قايتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى خاتىرىلىگەن ئۇزۇن تىزىملىكلەرنىڭ تېپىلغانلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق ئىش ئەمەس. بۇلار باتۇر، جەسۇر كىشىلەرگە بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدىغان تىزىملىكلەردۇر.

ئەلۋەتتە، ئىسرائىل ئۆزى مۇستەقىل دۆلەت ئەمەس ئىدى، بەلكى پارس ئىمپېرىيەسىگە بېقىندى ئىدى («ئەزرا»، 1-3-باب).

ئەسلىدە سۇلايمان سالغان «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»نىڭ قايتا قۇرۇلۇشىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 535-يىلى ئىش باشلانغان بولسىمۇ، بىراق خەلق ئۇنىڭدىن تېزلا قول ئۈزگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىكى چوڭ سەۋەب، ئەتراپتىكى ئەللەر ئىبادەتخانا توغرۇلۇق: «بۇ ئىشلار ئىسيانىڭ باشلىنىشى» دېگەندەك غەيۋەت-شىكايەتلەرنى چىقارغان، كېيىنكى پارس ئىمپېراتورى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكەن ھەمدە قۇرۇلۇشنى دەرھال توختىتىش كېرەك، دېگەن يارلىقنى چۈشۈرگەنىدى. قۇرۇلۇش 15 يىل توختىتىپ قويۇلغانىدى.

بىراق يەشايانىڭ 200 يىل ئىلگىرىكى بېشارىتى بويىچە روشەنكى، ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىدى. خۇدا ئىككى ئادەمنى، يەنى ھاگاي ۋە زەكەرىيا پەيغەمبەرلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. گەرچە ئىمپېراتورنىڭ «توختىتىش يارلىقى» چۈشۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، قايتا قۇرۇلۇش قىلغۇچىلارنىڭ جازاغا ئۇچراش

مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، ئۇلار خەلققە: ــ ئۇ مۇقەددەس ئىش پۈتمىسە بولمايدۇ دەپ، كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى يەتكۈزدى.

بۇ خەلقلەر ھەر دەۋردە ئەسلىنىپ تەرىپلىنىشكە لايىقكى، ئۇلار خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەيدىغانلىقىغا ھېچ تاشقى ئىسپات بولمىغان ئەھۋالدا، جان-دىل بىلەن خۇدانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ قۇرۇلۇشقا كىرىشتى. خۇدا ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ھەيران قالارلىق يولدا تەستىقلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئىمپېراتور ئۆزى خانلىق يىلناملەرنى تەكشۈرتۈپ قورەشنىڭ ئون ئالتە يىل ئىلگىرىكى ئىبادەتخانىنى قۇرۇش توغرۇلۇق يارلىقىنى تېپىپ، ئىشنى تېزلا پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز خەزىنىسىدىن كۆپ مەبلەغ ئاجراتتى («ئەزرا»، 4-6-باب). ھاگاينىڭ بېشارىتىنىڭ شۇنداق تەستىقلىنىشى خەلقنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. پەقەت تۆت يېرىم يىل ئىچىدىلا ئۇلار بىنانى پۈتكۈزدى.

مانا بۇ «ئەزرا» دېگەن كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ مەزمۇنىدۇر (1-6-باب).

ئىسرائىلنىڭ بابىل ئىمپېراتورى نېبوقادنەسار تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشىدا ئۈچ باسقۇچ بولغاندى (ئاۋۋالقى ئىككى باسقۇچتا زوراۋانلىق ئىشلىرى ئانچە بولمىغاندى). بىرىنچىسىدە شاھ ئائىلىسى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى (جۈملىدىن دانىيال پەيغەمبەر، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلى)، ئىككىنچىسىدە ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر ۋە سودىگەرلەر (ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 597-يىلى) سۈرگۈن قىلىندى. ئاخىرىسىدا بابىل قوشۇنلىرى يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ، قالغان بارلىق ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئەسىر قىلىپ سۈرگۈن قىلدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 587-يىلى).

شۇنىڭغا ئوخشاش پەلەستىنگە «قايتىش»مۇ ئۈچ باسقۇچتا بولغان. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، قايتقانلارنىڭ سانى بەك ئاز ئىدى. قايتىشلار تۆۋەندىكىدەك: ــ

1-قايتىش: ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 537-يىلى، زەرۇببابەل يېتەكلىگەن، تەخمىنەن 50000 ئادەم

2-قايتىش: ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 458-يىلى، ئەزرا يېتەكلىگەن، تەخمىنەن 1800 ئادەم

3-قايتىش: ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 445-444-يىلى، نەھەمىيا يېتەكلىگەن؛ پەقەت بىرنەچچە ھۈنەرۋەنلەرلا ئىدى.

«ئەزرا» دېگەن كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئىككىنچى «قايتىش» جەريانى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىسى بولغان ئەزرا توغرۇلۇق خاتىرىدۇر.

ئۇنىڭ «ئەزرا» دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى «ياردەم»دۇر. خېلى روشەنكى، ئۇ پارس ئىمپېرىيەسىدە ناھايىتى ئىناۋەتلىك، مۆنەۋۋەر ئادەم ئىدى ۋە ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ھەم ئىخلاسمەن ھەم تەۋرات-قانۇنغا پىششىق، بىلىملىك ئالىم ئىدى (6:7، 10). ئۇ خۇداغا تايانغان ئادەم ئىدى (8:21-23)؛ ئۇ يېرۇسالېمدا جىسمانىي ھەم روھىي كۈرەش قىلىشقاتقان، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئاستىدا تۇرۇۋاتقان «سۈرگۈنلۈكتىن قايتقانلار»غا ھەمراھ بولۇپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بابىلدىكى راھەتلىك تۇرمۇشىنى تاشلاشقا رازى بولغان بولسا كېرەك. ئۇنى يەھۇدىيەگە ئەۋەتكەن ئىمپېراتور ئارتاخشاشتا (ئارتاكسەركسىس) بولسا، ئەستەر خانىشنىڭ ئۆگەي ئوغلى ئىدى ۋە شۈبھىسىزكى، ئۇ شۇ ئىخلاسمەن ۋە ئۇلۇغ ئۆگەي ئانىسىدىن تەسىرلەنگەنىدى (ئەستەر ئارتاخشاشتانىڭ ئاتىسى كسەركسىسنىڭ كېيىنكى خانىش ئىدى). يەنە روشەنكى، ئارتاخشاشتانىڭ ئەزراغا تولىمۇ زور ئىشەنچى بار ئىدى (ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئېسىل بۇيۇملارنىڭ قىممىتى ئاز دېگەندىمۇ 300 مىليون دوللاردىن ئاشقانىدى).

ئەينى تېكىستلەردە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى، ئەزرا قايتقان ۋاقىتدا سۈرگۈنلۈكتىن «يەھۇدىيە ئۆلكىسى»گە قايتقانلار ئارىسىدا تەرتىپ-ئامانلىق خېلى بۇزۇلدى دەپ پەرەز قىلساق خاتا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاقىتتىكى يەھۇدىيە ئۆلكىسىدە تۇرۇۋاتقانلار دەسلەپتە قايتقانلارنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئەسلىدە خۇدانىڭ زەرۇببابەل، يەشۇئا، ھاگاي ۋە زەكەرىيالارنىڭ دەۋرىدە كۆرسەتكەن ئاجايىب مەدەتلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان، شۇنداقلا ئاسانلا يامان يوللارغا ئازدۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەرتىپسىزلىكلەر پارس ئىمپېراتورى ۋە مەسلىھەتچىلىرىنىڭ خېلى بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىش بولغان بولسا كېرەك؛ تارىخ ھەتتا بۈگۈنمۇ بىزگە شۇنى ئايان قىلىۋاتىدۇكى، ئوتتورا شەرقتە، بولۇپمۇ ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا تەرىقە-تىنچسىزلىق چىقسا، ئۇ تېزدىن پۈتكۈل دۇنياغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ئىمپېراتورنىڭ ئاقىلانە تەدبىرى ئۆلكىنى ئىدارە قىلىشقا ئۆزى يەھۇدىي بولغان بىرسى، يەنى ئەزرانى باش ۋالىي بولۇشقا تەيىنلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەزرانى ئەۋەتىشنىڭ مەقسىتى:- «خۇدايىڭنىڭ تەۋرات-قانۇنىنى

بىلگەن، بارلىق خەلقنىڭ دەۋاسىنى سورايدىغان، ئۇلارنى ئىدارە قىلىدىغان سوراقچى ۋە ھاكىملارنى تەيىنلەش» ئىدى (25:7).

پارس پادىشاھىنىڭ قاراردىن خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مېھرىبانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇلار ئۇچۇن دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارنى ئىدارە قىلىپ،ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن قانداق چىققانلىقى روشەن كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئەزرا پەقەت پاك-دىيانەتلىك ۋالىي بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلقنى خۇدانىڭ يوللىرىغا قايتىشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچى بولدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز يەنە: (ئا) خۇدانىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا قانداق يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى؛ (ئە) مەزكۇر كىتابنىڭ مۇئەللىپى كىم ئىكەنلىكى ھەمدە يېزىش مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## مەزمۇن: -

I – بابىلدىن بىرىنچى قايتىش (1-2-باب)
1-باب – قورەشنىڭ ئىبادەتخانىنى قۇرۇش توغرۇلۇق يارلىقى
2-باب – زەرۇببابەل ۋە ھەمراھلىرىنىڭ بابىلدىن يېرۇسالېمغا چىقىشى

II – ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرۇش (3-6-باب)
3-باب – كاھىن يەشۇئا: قۇربانگاھ ۋە ئىبادەتخانىنىڭ ئۇللىرى
4-باب – پارس ئىمپېراتورى «ئاھاشۋېروش» (سمەردىس)؛ ئەرزنىڭ قوبۇل قىلىنىشى
6-5 باب – پارس ئىمپېراتورى «دارىئۇس» ـ ئەرز تاپشۇرۇۋېلىشى ۋە يارلىق ئەۋەتىشى

III – بابىلدىن ئىككىنچى قايتىش (7-8-باب)
7-باب (ئا) – ئەزرا ۋە ھەمراھلىرىنىڭ بابىلدىن يېرۇسالېمغا چىقىشى
7-باب (ئە) – پارس ئىمپېراتورى «ئاھاشۋېروش»: ئەرزنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە يارلىق ئەۋەتىلىشى
8-باب – لاۋىيلارنىڭ بابىلدىن يېرۇسالېمغا چىقىشى.

IV – ئىسلاھات (9-10-باب)
9-باب – ئايرىم دۇئا قىلىش
10-باب – گۇناھلارنى ئوچۇق ئىقرار قىلىش

# ئەزرا

## پادىشاھ قورەشنىڭ پەرۋەردىگار ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىشقا يارلىق چۈشۈرۈشى

2تار. 23،22:36؛ يەر. 12:25؛ 10:29؛ دان. 2:9

1 1 پارس پادىشاھى قورەشنىڭ بىرىنچى يىلى، پەرۋەردىگارنىڭ
يەرەمىيانىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ،
پەرۋەردىگارنىڭ پارس پادىشاھى قورەشنىڭ روھىنى قوزغىشى بىلەن
پۈتۈن پادىشاھلىقى تەۋەسىدە ئۇ مۇنداق بىر جاكارنامە چىقاردى،
شۇنداقلا ئۇنى يازما قىلىپ پۈكۈپ: ــ
2 «پارس پادىشاھى قورەش مۇنداق دەيدۇ: ــ ئاسمانلارنىڭ خۇداسى
پەرۋەردىگار يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى
ماڭا بەردى؛ ئۇ شۇنداقلا مېنى يەھۇدا زېمىنىغا جايلاشقان يېرۇسالېمدا
ئۆزىگە بىر ئۆي سېلىشقا بۇيرۇدى. 3 شۇنىڭ ئۈچۈن ئاراڭلاردا خۇدانىڭ
خەلقى بولغانلاردىن ھەرقايسىڭلارغا بولسا، ئۇنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار
ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاي، ئۇ يەھۇدا زېمىنىدىكى يېرۇسالېمغا
چىقسۇن، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى سالسۇن! ئۇ
بولسا خۇدادۇر، ماكانى يېرۇسالېمدىدۇر! 4 سۈرگۈنلۈكتە قالغان خەلق
قەيەرلەردە ماكانلاشقان بولسا، ئۇ يېرۇسالېمغا چىقسۇن؛ شۇ يەردىكى
ئادەملەر ئۇلارغا ئالتۇن، كۈمۈش، مال-مۈلۈك، چارپايلارنى تەمىنلەپ
ياردەم بەرسۇن ۋە شۇنىڭدەك يېرۇسالېمدا جايلاشقان خۇدانىڭ شۇ
ئۆيى ئۈچۈن خالىس ھەدىيەلەرنى تەقدىم قىلسۇن» ــ دېدى.

2:1 **«يەھۇدا زېمىنى»** ــ كېيىنكى ۋاقىتلاردا «يەھۇدىيە» دېيىلدۇ.
4:1 **«قالغان خەلق»** ــ ئىمپېرىيەدە تىرىك قالغان يەھۇدىي خەلقى.

## قايتىشقا تەييارلىنىش

[5]شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا ۋە بىنيامىندىكى قەبىلە باشلىقلىرى،
كاھىنلار، لاۋىيلار، شۇنداقلا خۇدا تەرىپىدىن روھى قوزغىتىلغان
بارلىق خەلق ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ يېرۇسالېمدىكى پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىنى يېڭىۋاشتىن سېلىشقا بېرىشقا تەييارلاندى. [6]ئەتراپىتىكى
كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۈمۈش قاچا-قۇچا، ئالتۇن، مال-مۈلۈك،
چارپايلار ۋە قىممەت باھالىق بۇيۇملار بىلەن ئۇلارنى قوللاپ
قۇۋۋەتلىدى، بۇنىڭدىن باشقا سۇنۇلىدىغان ھەرخىل ئىختىيارىي
ھەدىيە-قۇربانلىق سۈپىتىدە ھەرخىل سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى.
[7]پادىشاھ قورەش پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى قاچا-قۇچىلىرىنىمۇ،
يەنى ئىلگىرى نېبوقادنەسار يېرۇسالېمدىن ئەكىلىپ ئۆز ئىلاھىنىڭ
بۇتخانىسىغا قويۇپ قويغان قاچا-قۇچىلارنىمۇ ئېلىپ چىقتى.
[8]پارس پادىشاھى قورەش خەزىنە بېگى مىترەداتنى بۇيرۇپ بۇ قاچا-
قۇچىلارنى ئالدۇرۇپ چىقتى؛ مىترەدات شۇلارنى يەھۇدانىڭ ئەمىرى
شەشبازارغا سانى بويىچە ساناپ تاپشۇرۇپ بەردى. [9]قاچا-قۇچىلارنىڭ
سانى مۇنداق: — ئالتۇن داس ئوتتۇز، كۈمۈش داس مىڭ، پىچاق
يىگىرمە توققۇز، [10]ئالتۇن پىيالە ئوتتۇز، بىر-بىرىگە ئوخشاش بولغان
كۈمۈش پىيالە تۆت يۈز ئون؛ باشقا قاچا-قۇچىلار بىر مىڭ. [11]بارلىق
ئالتۇن-كۈمۈش قاچا-قۇچا، بەش مىڭ تۆت يۈز. سۈرگۈن قىلىنغان
خەلق بابىلدىن يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىنگەن چاغدا، شەشبازار بۇ
قاچا-قۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

7:1 **«ئىلگىرى نېبوقادنەسار يېرۇسالېمدىن ئەكىلىپ ئۆز ئىلاھىنىڭ بۇتخانىسىغا قويۇپ قويغان قاچا-قۇچىلار»** — بۇ ۋەقە «2تار.» 7:36دە تەسۋىرلىنىدۇ.

**7:1** 2پاد. 13:24؛ 2تار. 7:36

**8:1** ئەزرا 14:5

9:1 **«ئالتۇن داس»** — ياكى «ئالتۇن پەتنۇس».

10:1 **«بىر-بىرىگە ئوخشاش بولغان كۈمۈش پىيالە تۆت يۈز ئون»** — ياكى «سۈپىتى تۆۋەنرەك كۈمۈش پىيالە تۆت يۈز ئون» ياكى «ئىككىنچى بىرخىل كۈمۈش ىيالە تۆت يۈز ئون» ياكى «كۈمۈش پىيالە ئىككى مىڭ تۆت يۈز ئون». باشقىچە تەرجىمىلەرمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن.

## بىرىنچى قېتىم قايتقان يەھۇدالار
## «نەھ.» 7:6-73نى كۆرۈڭ

2
[1]تۆۋەندىكىلەر نىبوقادنەسار تەرىپىدىن بابىلغا سۈرگۈن
قىلىنغان يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىكىلەردىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى
قايتىپ كېلىپ، يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەگە چىقىپ، ھەربىرى ئۆز
شەھەرلىرىگە كەتكەنلەر: —
[2]— ئۇلار زەرۇببابەل، يەشۇئا، نەھەمىيا، سېرايا، رەئېلايا، موردىكاي،
بىلشان، مىسپار، بىگۋاي، رەھۇم ۋە بائاناھلار بىلەن بىللە قايتىپ
كەلدى. ئەمدى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئىچىدىكى ئەركەكلەرنىڭ سانى
تۆۋەندىكىچە: —

[3]پاروشنىڭ ئەۋلادلىرى ئىككى مىڭ بىر يۈز يەتمىش ئىككى كىشى؛
[4]شەفاتىيانىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچ يۈز يەتمىش ئىككى كىشى؛ [5]ئاراھنىڭ
ئەۋلادلىرى يەتتە يۈز يەتمىش بەش كىشى؛ [6]پاھات-موئابنىڭ
ئەۋلادلىرى، يەنى يەشۇئا بىلەن يوئابنىڭ ئەۋلادلىرى ئىككى مىڭ
سەككىز يۈز ئون ئىككى كىشى؛ [7]ئېلامنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مىڭ
ئىككى يۈز ئەللىك تۆت كىشى؛ [8]زاتتۇنىڭ ئەۋلادلىرى توققۇز يۈز
قىرىق بەش كىشى؛ [9]زاككاينىڭ ئەۋلادلىرى يەتتە يۈز ئاتمىش كىشى؛
[10]بانىنىڭ ئەۋلادلىرى ئالتە يۈز قىرىق ئىككى كىشى؛ [11]بىبباينىڭ
ئەۋلادلىرى ئالتە يۈز يىگىرمە ئۈچ كىشى؛ [12]ئازگادنىڭ ئەۋلادلىرى بىر
مىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە ئىككى كىشى؛ [13]ئادونىكامنىڭ ئەۋلادلىرى
ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە كىشى؛ [14]بىگۋاينىڭ ئەۋلادلىرى ئىككى مىڭ
ئەللىك ئالتە كىشى؛ [15]ئادىننىڭ ئەۋلادلىرى تۆت يۈز ئەللىك تۆت
كىشى؛ [16]ھەزەكىيانىڭ جەمەتىدىن بولغان ئاتېرنىڭ ئەۋلادلىرى
توقسان سەككىز كىشى؛ [17]بىزاينىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچ يۈز يىگىرمە ئۈچ
كىشى؛ [18]يوراھنىڭ ئەۋلادلىرى بىر يۈز ئون ئىككى كىشى؛ [19]ھاشۇمنىڭ
ئەۋلادلىرى ئىككى يۈز يىگىرمە ئۈچ كىشى؛ [20]گىببارنىڭ ئەۋلادلىرى

2:2 **«سېرايا»** — ياكى «سارايا».

توقسان بەش كىشى؛ 21 بەيت-لەھەملىكلەر بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ كىشى؛
22 نېتوفالىقلار ئەللىك ئالتە كىشى؛ 23 ئاناتوتلۇقلار بىر يۈز يىگىرمە
سەككىز كىشى؛ 24 ئازماۋەتلىكلەر قىرىق ئىككى كىشى؛ 25 كىرىئات-
ئارىملىقلار، كەفىراھلىقلار ۋە بەئەروتلۇقلار بولۇپ جەمئىي يەتتە يۈز
قىرىق ئۈچ كىشى؛ 26 راماھلىقلار بىلەن گېبالىقلار جەمئىي ئالتە يۈز
يىگىرمە بىر كىشى؛ 27 مىكماشلىقلار بىر يۈز يىگىرمە ئىككى كىشى؛
28 بەيت-ئەللىكلەر بىلەن ئايلىقلار جەمئىي ئىككى يۈز يىگىرمە ئۈچ
كىشى؛ 29 نېبولىقلار ئەللىك ئىككى كىشى؛ 30 ماگبىشنىڭ ئەۋلادلىرى
بىر يۈز ئەللىك ئالتە كىشى؛ 31 ئىككىنچى بىر ئېلامنىڭ ئەۋلادلىرى
بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك تۆت كىشى؛ 32 ھارىمنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچ
يۈز يىگىرمە كىشى؛ 33 لود، ھادىد ۋە ئونونىڭ ئەۋلادلىرى جەمئىي
يەتتە يۈز يىگىرمە بەش كىشى؛ 34 يېرىخولۇقلار ئۈچ يۈز قىرىق بەش
كىشى؛ 35 سىنائاھنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئوتتۇز كىشى.

## قايتىپ كەلگەن كاھىنلار ۋە لاۋىيلار

36 كاھىنلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: ــ يەشۇئا جەمەتىدىكى يەدايانىڭ
ئەۋلادلىرى توققۇز يۈز يەتمىش ئۈچ كىشى؛ 37 ئىممەرنىڭ ئەۋلادلىرى
بىر مىڭ ئەللىك ئىككى كىشى؛ 38 پاشخۇرنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مىڭ
ئىككى يۈز قىرىق يەتتە كىشى؛ 39 ھارىمنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مىڭ ئون
يەتتە كىشى.

40 لاۋىيلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: ــ خوداۋىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن،
يەنى يەشۇئا بىلەن كادمىيەلنىڭ ئەۋلادلىرى يەتمىش تۆت
كىشى؛ 41 غەزەلكەشلەردىن: ــ ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرى بىر يۈز يىگىرمە
سەككىز كىشى.

42 دەرۋازىۋەنلەرنىڭ نەسلىدىن: ــ شاللۇمنىڭ ئەۋلادلىرى، ئاتېرنىڭ
ئەۋلادلىرى، تالموننىڭ ئەۋلادلىرى، ئاككۇبنىڭ ئەۋلادلىرى، خاتىتانىڭ

---

25:2 **«كىرىئات-ئارىملىقلار»** ــ ياكى «كىرىئات-يېئارىملىقلار».

33:2 **«لود، ھادىد ۋە ئونونىڭ ئەۋلادلىرى...»** ــ ياكى «لودلىقلار، ھادىدلىقلار ۋە ئونولۇقلار...».

ئەۋلادلىرى بىلەن شوبايىنىڭ ئەۋلادلىرى جەمئىي بىر يۈز ئوتتۇز توققۇز كىشى.

## قايتىپ كەلگەن مۇقەددەس جاي ۋە شاھ جەمەتىدىكى خىزمەتكارلار

[43] ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى تۆۋەندىكىچە: ـ زىخانىڭ ئەۋلادلىرى،
خاسۇفانىڭ ئەۋلادلىرى، تاببائوتنىڭ ئەۋلادلىرى، [44] كىروسنىڭ
ئەۋلادلىرى، سىياھانىڭ ئەۋلادلىرى، پادوننىڭ ئەۋلادلىرى، [45] لىباناھنىڭ
ئەۋلادلىرى، ھاگاباھنىڭ ئەۋلادلىرى، ئاككۇبنىڭ ئەۋلادلىرى،
[46] ھاگابنىڭ ئەۋلادلىرى، شامالاينىڭ ئەۋلادلىرى، ھانانىنىڭ ئەۋلادلىرى،
[47] گىددەلنىڭ ئەۋلادلىرى، گاھارنىڭ ئەۋلادلىرى، رىئاياھنىڭ
ئەۋلادلىرى، [48] رەزىننىڭ ئەۋلادلىرى، نىكودانىڭ ئەۋلادلىرى، گاززامنىڭ
ئەۋلادلىرى، [49] ئۇززانىڭ ئەۋلادلىرى، پاسىيانىڭ ئەۋلادلىرى، بىسايىنىڭ
ئەۋلادلىرى، [50] ئاسناھنىڭ ئەۋلادلىرى، مەئۇنىمنىڭ ئەۋلادلىرى،
نەفۇسسىمنىڭ ئەۋلادلىرى، [51] باكبۇكنىڭ ئەۋلادلىرى، خاكۇفانىڭ
ئەۋلادلىرى، خارخۇرنىڭ ئەۋلادلىرى، [52] بازلۇتنىڭ ئەۋلادلىرى،
مەھىدانىڭ ئەۋلادلىرى، خارشانىڭ ئەۋلادلىرى، [53] باركوسنىڭ
ئەۋلادلىرى، سىسىرانىڭ ئەۋلادلىرى، تېماھنىڭ ئەۋلادلىرى،
[54] نەزىيانىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن خاتىفانىڭ ئەۋلادلىرى.
[55] سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:
ـ سوتاينىڭ ئەۋلادلىرى، سوفەرەتنىڭ ئەۋلادلىرى، پىرۇدانىڭ
ئەۋلادلىرى، [56] يائالاھنىڭ ئەۋلادلىرى، داركوننىڭ ئەۋلادلىرى، گىددەلنىڭ
ئەۋلادلىرى، [57] شەفەتىيانىڭ ئەۋلادلىرى، خاتتىلنىڭ ئەۋلادلىرى،
پوقەرەت-ھاززىبائىمنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئامىنىڭ ئەۋلادلىرى.

---

43:2 **«ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نەتىنىيلار». مەنىسى بەلكىم «بېغىشلانغانلار». ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بەلكىم «گىبېئونلۇقلار» ئىدى. «يەشۇئا» 9:27نى ۋە «1تار.» 9:2نى كۆرۈڭ.

46:2 **«شاملاي»** ــ ياكى «شالماي».

58 ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ۋە سۇلايماننىڭ خىزمەتكارى بولغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى جەمئىي ئۈچ يۈز توقسان ئىككى كىشى.

## كېلىپ چىققىشى نائېنىق كىشلەر
## «نەھ.» 61:7-65نى كۆرۈڭ

59 تۆۋەندىكى كىشلەر تەل-مىلاھ، تەل-خارشا، كېرۇب، ئاددان ۋە ئىممەردىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا جەمەتىنىڭ ياكى نەسەبىنىڭ ئىسرائىل ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىدى. 60 بۇلار دېلايانىڭ ئەۋلادلىرى، توبىيانىڭ ئەۋلادلىرى ۋە نېكودانىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، جەمئىي ئالتە يۈز ئەللىك ئىككى كىشى؛ 61 كاھىنلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە خابايانىڭ ئەۋلادلىرى، كوزنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن باررزىللاينىڭ ئەۋلادلىرى بار ئىدى؛ باررزىللاي گىلېئادلىق باررزىللاينىڭ بىر قىزىنى ئالغاچقا ئۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىدى. 62 بۇلار جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىنى ئىزدەپ تاپالمىدى؛ شۇڭا ئۇلار «ناپاك» ھېسابلىنىپ كاھىنلىقتىن قالدۇرۇلدى. 63 ۋالىي ئۇلارغا: — ئۇرىم ۋە تۇمممىنى كۆتۈرگۈچى كاھىن ئارىمىزدا خىزمەتتە بولغۇچە «ئەڭ مۇقەددەس يېمەكلىكلەر»گە ئېغىز تەگكۈزمەيسىلەر، دېدى.

61:2 **«كوزنىڭ ئەۋلادلىرى»** — ياكى «ھاككوزنىڭ ئەۋلادلىرى».

63:2 **«ۋالىي»** — ئىبرانىي تىلىدىكى «تىرشاتا» ئەسلىدە پارس تىلى بولۇپ، مەنىسى بەلكىم «جانابلىرى». **«ئۇرىم ۋە تۇمممىم»** — ئالاھىدە بىرخىل تاشلار. ئۇ كاھىن كىيگەن «ئەفود»نىڭ يانچۇقىدا (قوشېندا) تۇرىدۇ. بۇ تاشلار ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقى خۇدادىن يول سورىسا بولاتتى. «مىس.» 28:28-30نى كۆرۈڭ. «ئۇرىم ۋە تۇمممىنى كۆتۈرگۈچى كاھىن ئارىمىزدا خىزمەتتە بولغۇچە» — مەنىسى بەلكىم: (1) ئۇرىم ۋە تۇمممىم بابىلدا سۇرگۈن بولغان ۋاقىتدا يوقاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ (2) تېپىلغىنى بىلەن ئۇلارغا تەبىر بېرىپ مەنىسىنى چۈشەندۈرىدىغان كاھىن تېخى چىقمىدى.

## قايتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى
## «نەھ.» 7:66-69نى كۆرۈڭ

[64] پۈتۈن جامائەت جەمئىي قىرىق ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كىشى؛ [65] بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ يەنە يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە قۇل-دېدەكى بار ئىدى؛ يەنە ئىككى يۈز ئەر-ئايال غەزەلچىسى بار ئىدى. [66] ئۇلارنىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتە ئېتى، ئىككى يۈز قىرىق بەش قېچىرى، [67] تۆت يۈز ئوتتۇز بەش تۆگىسى ۋە ئالتە مىڭ يەتتە يۈز يىگىرمە ئېشىكى بار ئىدى.

## مۇقەددەس ئۆيى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان مال-مۈلۈكلەر
## «نەھ.» 7:70-73نىمۇ كۆرۈڭ

[68] جەمەت كاتتىۋاشلىرىدىن بەزىلىرى يېرۇسالېمغا ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن چاغدا، خۇدانىڭ شۇ ئۆيىنى ئەسلى ئورنىغا يېڭىۋاشتىن سېلىنىشى ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى. [69] ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇربىغا قاراپ قۇرۇلۇش خەزىنىسىگە ئاتمىش بىر مىڭ دارىك ئالتۇن، بەش مىڭ مىنا كۈمۈش ۋە يۈز قۇر كاھىن تونى تەقدىم قىلدى. [70] شۇنىڭدىن كېيىن كاھىنلار، لاۋىيلار ۋە بىر قىسىم خەلق قوشۇلۇپ، غەزەلكەشلەر، دەرۋازىۋەنلەر، ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ئۆز شەھەرلىرىگە ماكانلاشتى؛ قالغان ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھەممىسى ئۆز شەھەرلىرىگە ماكانلاشتى.

2:69 **«دارىك»** — ( ياكى «دراخما») — مۇشۇ يەردە ئۇ پارس ئىمپېرىيەسىدىكى بىرخىل ئالتۇن تەڭگە؛ مۇشۇ يەردە بۇلارنىڭ جەمئىي قىممىتى بەلكىم 400-500 گرام ئالتۇن ئىدى؛ «مىنا» بىرخىل كۈمۈش تەڭگە، 60 شەكەلگە ياكى «تالانت»تىن ئاتمىشتىن بىرىگە باراۋەر ئىدى. مۇشۇ يەردە كۈمۈشنىڭ جەمئىي ئېغىرلىقى بەلكىم 1800-2700 كىلوگىرامچە ئىدى.

2:70 **«شۇنىڭدىن كېيىن كاھىنلار، لاۋىيلار... ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ئۆز شەھەرلىرىگە ماكانلاشتى؛ قالغان ئىسرائىل ... ئۆز شەھەرلىرىگە ماكانلاشتى»** — بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بەلكىم:

—(1) كاھىنلار، لاۋىيلار قاتارلىقلار ئۆزىگە يېڭىۋاشتىن تەقسىم قىلىنغان شەھەرلىرىدە ماكان تۇتتى، ياكى يېرۇسالېمدىكى خىزمەتتە بولۇش ئۈچۈن يېرۇسلېمغا يېقىن بولغان، شۇنداقلا ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان شەھەرلەردە ماكانلاشتى؛

## قۇربانگاھنىڭ يېڭىۋاشتىن سېلىنىشى

3 [1] ئىسرائىل خەلقى ھەرقايسىسى ئۆز شەھەرلىرىدە
ماكانلاشقانىدى؛ يەتتىنچى ئايغا كەلگەندە، خەلق بىر ئادەمدەك
بولۇپ يېرۇسالېمغا يىغىلدى. [2] يوزاداكنىڭ ئوغلى يەشۇئا بىلەن
ئۇنىڭ كاھىن قېرىنداشلىرى، شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەل
ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ،
خۇدانىڭ ئادىمى مۇسا پۈتكەن قانۇن كىتابىدا پۈتۈلگىنىدەك
پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇش ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ
خۇداسىنىڭ قۇربانگاھىنى سېلىشقا كىرىشتى. [3] گەرچە ئۇلار شۇ
يەرلىك خەلقلەردىن قورقسىمۇ، لېكىن قۇربانگاھنى ئەسلىدىكى
ئۇلى ئۈستىگە سېلىپ، ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئەتىگەنلىك
ۋە كەچلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى. [4] ئۇلار
يەنە مۇقەددەس قانۇندا پۈتۈلگىنى بويىچە «كەپىلەر ھېيتى»نى
ئۆتكۈزۈپ، ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن تەلەپكە مۇۋاپىق سان بويىچە
كۈنلۈك كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى سۇنۇشاتتى. [5] شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار
يەنە ھەر كۈنلۈك كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار، يېڭى ئاي قۇربانلىقى ۋە
پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق مۇقەددەس دەپ بېكىتىلگەن ھېيتلىرى ئۈچۈن
تەقدىم قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى، شۇنىڭدەك ھەربىر
كىشىنىڭ كۆڭلىدىن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنىدىغان ئىختىيارىي
قۇربانلىقلىرىنى سۇنۇپ تۇراتتى. [6] شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەتتىنچى

---

—(2) لاۋىيلاردىن باشقا ئىسرائىللار، يەنى ئون ئىككى قەبىلدىن قايتىپ كەلگەنلەر **ئەسلىدە** ئۆزلىرىگە خاس شەھەرلىرىگە ماكانلاشتى ياكى يېڭىۋاشتىن ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان شەھەرلەردە ماكانلاشتى.

—كۆپ شەھەر-يېزىلار ۋەيران بولغاچقا، ياكى يات ئەللەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاستىدا بولغاچقا، بەلكىم ھەرخىل ئىمكانىيەت تەڭ بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**2:3** قان. 5:12، 6

**3:3** چۆل. 3:28

**4:3** لاۋ. 34:23؛ چۆل. 12:29

**5:3** چۆل. 15-11:28؛ نەھ. 34:10

ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنۇشقا باشلىدى؛ لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىنىڭ ئۇلى تېخى سېلىنمىدى. [7] ئۇلار تاشچىلار بىلەن ياغاچچىلارغا
پۇل تاپشۇردى ۋە شۇنداقلا پارس پادىشاھى قورەشنىڭ ئىجازىتى بىلەن
زىدونلۇقلار بىلەن تۇرلۇقلارغا كېدىر ياغىچىنى لىۋاندىن ئوتتۇر
دېڭىز ئارقىلىق يوپپاغا ئەكەلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەك
ۋە زەيتۇن مېيىنى تەمىنلىدى.

## مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ يېڭىۋاشتىن سېلىنىشى

[8] جامائەت يېرۇسالېمدىكى خۇدانىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن
ئىككىنچى يىلى ئىككىنچى ئايدا شېئالتىيەلنىڭ ئوغلى
زەرۇببابەل، يوزاداكنىڭ ئوغلى يەشۇئا ۋە ئۇلارنىڭ كاھىن ۋە لاۋىي
قېرىنداشلىرىنىڭ قالدىسى، شۇنىڭدەك سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ
يېرۇسالېمغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇلۇشتا ئىش باشلىدى؛
ئۇلار يەنە يىگىرمە ياشتىن ئاشقان لاۋىيلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى
سېلىش قۇرۇلۇشىغا نازارەتچىلىككە قويدى. [9] يەشۇئا ۋە ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى ھەم قېرىنداشلىرى، كادمىيەل بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى،
يەنى يەھۇدانىڭ ئەۋلادلىرى خۇدانىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان
ئىشچىلارنى نازارەت قىلىشقا بىر نىيەتتە ئاتلاندى؛ ھېنادادنىڭ
ئوغۇللىرى، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ۋە قېرىنداش لاۋىيلار ئۇلارغا
ياردەملەشتى.
[10] تامچىلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە ئۇل سالىدىغان چاغدا كاھىنلار
خاس كىيىملىرىنى كىيىپ، كانايلىرىنى چېلىپ، ئاسافنىڭ
ئەۋلادلىرى بولغان لاۋىيلار جاڭ-جاڭ چېلىپ، ھەممىسى قاتار-قاتار
سەپ بولۇپ تۇرغۇزۇلدى؛ ئۇلار داۋۇت بەلگىلىگەن كۆرسەتمىلەر

---

9:3 **«يەھۇدانىڭ ئەۋلادلىرى»** — «يەھۇدا» مۇشۇ يەردە بەلكىم «خوداۋىيا» دېگەن ئىسىمنىڭ ۋارىئانتى بولۇشى مۇمكىن (2:40نى كۆرۈڭ). **«بىر نىيەتتە ئاتلاندى»** — ئىبرانىي تىلدا: «بىر ئادەمدەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى».

بويىچە پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇشتى. [11] ئۇلار پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ ئۆزئارا: ــ «پەرۋەردىگار مېھرىباندۇر، ئۇنىڭ ئىسرائىلغا بولغان
مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر» دەپ ھەمدۇسانا ۋە رەھمەت-
تەشەككۇر ئېيتىشتى. بۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇلى
سېلىنىپ بولغاچقا، خالايىق پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەپ تۇۋلاپ
تەنتەنە قىلىشتى. [12] لېكىن كاھىنلاردىن، لاۋىيلاردىن ۋە جەمەت
باشلىقلىرىدىن نۇرغۇنلىرى، يەنى ئەسلىدە ئىلگىرىكى ئۆيىنى
كۆرگەن نۇرغۇن قېرى ئادەملەر كۆز ئالدىدا سېلىنغان بۇ ئۆيىنىڭ ئۇلىغا
قاراپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى؛ نۇرغۇن باشقا كىشىلەر خۇشال
بولۇپ تەنتەنە قىلىپ تۇۋلاشتى؛ [13] ۋە خەلق ھەتتا كىملەرنىڭ تەنتەنە
قىلىشۋاتقانلىقى بىلەن كىملەرنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئايرىۋالالماي
قالدى؛ چۈنكى جامائەت تەنتەنە قىلىپ قاتتىق تۇۋلىشاتتى؛ ۋە بۇ
ئاۋاز يىراق-يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

## ئۆينى يېڭىۋاشتىن سېلىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

4 [1] يەھۇدا ۋە بىنيامىندىكى رەقىبلەر سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ
كەلگەنلەر ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئۆينى
يېڭىۋاشتىن سالماقچىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، [2] زەرۇببابەل
ۋە جەمەت باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ: ــ بىز سىلەر بىلەن
بىللە سالايلى؛ چۈنكى بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا سىلەرنىڭ
خۇدايىڭلارنى ئىزلەپ، بىزنى بۇ يەرگە ئەكەلگەن ئاسۇرىيە پادىشاھى
ئېسار-ھاددوننىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپ ئۇنىڭغا قۇربانلىق سۇنۇپ
كېلىۋاتىمىز، دېيىشتى. [3] لېكىن زەرۇببابەل، يەشۇئا بىلەن

**11:3** زەب. 136

**12:3** **«ئۆينى كۆرگەن نۇرغۇن قېرى ئادەملەر ... ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى» ــ** بەزىلەرنىڭ يىغلىشى خۇشاللىقتىن بولدى؛ بەزىلەرنىڭ «بۇ ئۆي ئەسلىدىكى ئۆيدەك ھەيۋەتلىك بولمايدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ ھەسرەت-قايغۇدىن بولدى («ھاگ.» 2:3نى كۆرۈڭ).

**2:4** 2پاد. 17:29-41

ئىسرائىلنىڭ باشقا جەمەت باشلىقلىرى ئۇلارغا: ــ خۇدايىمىزغا ئۆي
سېلىشتا سىلەرنىڭ بىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقەڭلار يوق؛ بەلكى
پارس پادىشاھى قورەش بىزگە بۇيرۇغاندەك، پەقەت بىز ئۆزىمىزلا
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا ئۆي سالىمىز، دېيىشتى.
[4] شۇنىڭدىن كېيىن شۇ يەردىكى ئاھالە يەھۇدالارنىڭ قولىنى
ئاجىز قىلىپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش قىلىشىغا كاشىلا تۇغدۇرۇپ
تۇردى. [5] ئۇلار يەنە پارس پادىشاھى قورەشنىڭ بارلىق كۈنلىرىدىن
تاكى پارس پادىشاھى دارىئۇس تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتقىچە، دائىم
مەسلىھەتچىلەرنى سېتىۋېلىپ، يەھۇدالار بىلەن قېرىشىپ، قۇرۇلۇش
نىشانىنى بۇزۇۋشقا ئۇرۇنۇپ تۇردى.

## رەقىبلەرنىڭ يەھۇدالار ئۈستىدىن ئەرز قىلىشى

[6] ئاھاشۋېروش تەختكە چىققان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئۇنىڭغا
يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېم ئاھالىسى ئۈستىدىن بىر ئەرزنامە يازدى.
[7] شۇنىڭدەك ئارتاخشاشتا كۈنلىرىدە بىشلام، مىترىدات، تابەئەل
ۋە ئۇلارنىڭ قالغان شېرىكلىرىمۇ پارس پادىشاھى ئارتاخشاشتاغا
ئارامىي تىلىدا بىر ئەرز خېتىنى يازدى؛ خەت ئارامىي تىلىدىن
تەرجىمە قىلىندى.

---

**3:4** ئەزرا 1:1، 2، 3

**5:4** **«پارس پادىشاھى دارىئۇس»** ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 522-486-يىللاردا پارس تەختىگە ئولتۇرغان.

**6:4** **«ئاھاشۋېروش»** ــ بەزى ئالىملار پارس ئىمپېراتورى بولغان مۇشۇ «ئاھاشۋېروش»نى «كسەركسىس I» نىڭ ئۆزى شۇ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 486-464-يىللار)، دەپ قارايدۇ. بىراق ئىسپات باركى، «ئاھاشۋېروش» ياكى «كسەركسىس» دېگەن سۆز ئەسلىدە ئىسىم ئەمەس، بەلكى پارس ئىمپېراتورىنىڭ ئومۇمىي بىر ئۇنۋانى ئىدى. شۇڭا بىز «ئاھاشۋېروش» دەپ ئاتالغان پادىشاھنى كامبىسىس (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 529-521-يىللار)، دەپ قارايمىز.

**7:4** **«ئارتاخشاشتا»** ــ «ئارتاخشاشتا» بىلەن «ئارتاكسەركسىس» بىر ئادەمنىڭ نامى بولۇپ، تارىختا ئۇ «ئارتاكسەركسىس» دېگەن (گرېكچە) ئىسمى بىلەن تونۇلغان. بۇ پادىشاھ كامبىسىس ۋە دارىئۇس خىستاسپىس (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 522-486-يىللار) ئارلىقىدا ئۆتكەن بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ: (1) كامبىسىسنى ئۆلتۈرۈپ تەختىنى تارتىۋالغان «سمەردىس» دېگەن جادۇگەرنى

[8] ۋالىي رەھۇم بىلەن كاتىپ بېگى شىمشاي پادىشاھ ئارتاخشاشتاغا يېرۇسالېم ئۈستىدىن تۆۋەندىكىدەك ئەرزنامە يازدى: ــ
[9] «مەزكۇر مەكتۇپنى يازغانلاردىن، ۋالىي رەھۇم، كاتىپ بېگى شىمشاي ۋە ئۇلارنىڭ باشقا ھەمراھلىرى بولغان سوراقچىلار، مۇپەتتىشلەر، مەنسەپدارلار، كاتىپلار، ئارقۇلىقلار، بابىللىقلار، شۇشانلىقلار، يەنى ئېلامىيلار [10] ۋە ئۇلۇغ جانابىي ئوسناپپار سامارىيە شەھىرىگە ۋە ئەفرات دەرياسىنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىكى باشقا يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ئاھالىمۇ بار [11] (مانا بۇ ئۇلارنىڭ پادىشاھقا يازغان خېتىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى) ــ ئۆزلىرىنىڭ دەريانىڭ مۇشۇ تەرىپىدىكى خىزمەتكارلىرىدىن پادىشاھ ئالىيلىرى ئارتاخشاشتاغا سالام!
[12] پادىشاھ ئالىيلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، ئۆزلىرى تەرەپتىن بىز تەرەپكە كەلگەن يەھۇدىيلار يېرۇسالېمغا كېلىشتى؛ ئۇلار ئاشۇ ئاسىي ۋە سېسىق شەھەرنى قۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلىنى ياساپ پۈتتۈردى، سېپىلنى ياساپ چىقتى ۋە سېپىلنىڭ ئۇللىرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ ياساۋاتىدۇ

---

(يەتتە ئاي تەختكە ئولتۇرغان) ياكى بولمىسا: (2) كامبىسىس ئىمپېراتور بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىرسىگە ھازىر نامەلۇم «ئارتاخشاشتا» (ئارتاكسەركسىس») ئىسمىلىك باشقا بىرسىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇ كېيىنكى ئالەمشۇمۇل ئىمپېراتور «ئارتاكسەركسىس» (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 425-486-يىللار) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ چۈنكى شۇ كىشى 24-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان دارىئۇس ئىمپېراتوردىن **كېيىن** ھۆكۈمرانلىق قىلدى.
8:4 **«...يېرۇسالېم ئۈستىدىن تۆۋەندىكىدەك ئەرزنامە يازدى»** ــ بۇ ئايەتتىن باشلاپ 18:6گىچە «ئەزرا»نىڭ تېكىستى ئارامىي تىلىدا يېزىلغان.
9:4 **«...سوراقچىلار، مۇپەتتىشلەر، مەنسەپدارلار، كاتىپلار...»** ــ ياكى «دىنايىلىقلار، ئافارساتقىلىقلار، تارپەللىكلەر، ئارفاسلىقلار،...». **«شۇشانلىقلار، يەنى...»** ــ ياكى «سۇسا (شەھىرى)دىكىلەر، يەنى...».
10:4 **«ئۇلۇغ جانابىي ئوسناپپار»** ــ ئوسناپپار بولسا ئاسۇرىيە ئىمپېراتورى «ئاشۇربانىپال»نىڭ ئارامىي تىلىدىكى نامى. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 669-يىلى ئاتىسى ئېسارھاددوننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى؛ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 645-يىللىرى ئەتراپىدا ئۇ ئېلامنىڭ پايتەختى شۇشاننى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭدىكى پۇقرالاردىن بەزىلەرنى سامارىيەگە، شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرقتىكى باشقا يەرلەرگە سۈرگۈن قىلدى. **«ئەفرات دەرياسى»** ــ مەشكۇر كىتابتا مۇشۇ يەردىن باشلاپ «دەريا» «ئەفرات دەرياسى»نى كۆرسىتىدۇ؛ «مۇشۇ تەرىپى» ــ غەربىي تەرىپى، ئەلۋەتتە.

ۋە [13] ئەمدى ئۇلۇغ پادىشاھ ئالىيلىرىگە شۇ مەلۇم بولغايكى، مۇبادا
بۇ شەھەر ئۇڭلانسا، سېپىل پۈتكۈزۈلسە، ئۇلار باج تاپشۇرمايدىغان،
ئولپان تۆلىمەيدىغان ۋە پاراق تاپشۇرمايدىغان بولۇۋالىدۇ، بۇنداق
كېتىۋەرسە پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسىگە سۆزسىز زىيان بولىدۇ.
[14] بىز ئوردىنىڭ تۇزىنى يەپ تۇرۇپ، پادىشاھىمىزنىڭ بۇنداق
بىھۆرمەت قىلىنىشىغا قاراپ تۇرۇشىمىزغا قەتئىي توغرا كەلمەيدۇ،
شۇ سەۋەبتىن پادىشاھىمىزغا مەلۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلدۇق.
[15] شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىيلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تارىخنامىسىنى
سۈرۈشتە قىلىشلىرىنى تەشەببۇس قىلىمىز؛ سىلى تارىخنامىدىن
بۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھلارغىمۇ، ھەرقايسى
ئۆلكىلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزۈپ كەلگەن ئاسىي بىر شەھەر
ئىكەنلىكىنى، قەدىمدىن تارتىپ بۇ شەھەردىكىلەر ئاغدۇرمىچىلىق
تېرىغانلىقىنى بىلگەيلا؛ دەل شۇ سەۋەبتىن بۇ شەھەر ۋەيران
قىلىنغانىدى. [16] شۇڭا بىز ئالىيلىرىغا شۇنى ئۇقتۇرماقچىمىزكى،
ئەگەر بۇ شەھەر قۇرۇلسا، سېپىللىرى پۈتكۈزۈلسە، ئۇنداقتا سىلىنىڭ
دەريانىڭ مۇشۇ تەرىپىدىكى يەرلەرگە ھېچقانداق ئىگىدارچىلىقلىرى
بولماي قالىدۇ».

## پادىشاھنىڭ ئىش توختىتىلسۇن دەپ يارلىق چۈشۈرۈشى

[17] پادىشاھ مۇنداق جاۋاب يوللىدى: ــ
«ۋالىي رەھۇم، كاتىپ بىگى شىمشايغا ۋە سامارىيە ھەم دەريانىڭ
شۇ تەرىپىدىكى باشقا يەرلەردە تۇرۇشلۇق ھەمراھلىرىڭلارغا سالام!

---

12:4 **«سېپىلنى ياساپ چىقتى ۋە سېپىلنىڭ ئۇللىرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ ياساۋاتىدۇ»** ــ مۇشۇ گەپ بىرىنچىدىن ئۆز-ئۆزىگە زىت كېلىدۇ. قانداقسىگە سېپىل ئۇللىرى تېخى «بىر-بىرىگە ئۇلانماي» تۇرۇپ سېپىل ياسىلىپ بولىدۇ؟ 12-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن ئۆز بايانلىرىمۇ ئۇلارنىڭ شۇ سۆزىگە رەددىيە بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ سۆزلەر پۈتۈنلەي يالغان. يەھۇدىي خەلقى پەقەت ئىبادەتخانا (قورەش پادىشاھنىڭ ئەسلىدىكى يارلىقى بويىچە) قۇرۇۋاتاتتى. سېپىلنىڭ ئۆزى بولسا، خارابىلىك ئەھۋالدا ئىدى. مەسىلەن «نەھ.» 3:1نى كۆرۈڭ.

14:4 **«بۇنداق بىھۆرمەت قىلىنىشىغا...»** ــ ياكى «بۇنداق زىيان تارتىشىغا...».

[18] سىلەرنىڭ بىزگە يازغان ئەرز خېتىڭلار مېنىڭ ئالدىمدا ئېنىق قىلىپ ئوقۇپ بېرىلدى. [19] تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى بۇيرۇۋىدىم، بۇ شەھەرنىڭ دەرۋەقە قەدىمدىن تارتىپ پادىشاھلارغا قارشى چىقىپ ئىسيان قوزغىغان، شەھەردە دائىم ئاسىيلىق-قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتەك ئىشلارنىڭ بولۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. [20] ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا قۇدرەتلىك پادىشاھلار يېرۇسالېمغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، دەريانىڭ شۇ تەرىپىدىكى پۈتۈن يەرلەرنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن، ئۇلار شۇلارغا بېقىنىپ باج، ئولپان ۋە پارىقىنى تاپشۇرۇپ كەلگەنىكەن. [21] ئەمدى سىلەر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇ خەلقنى ئىشتىن توختىتىڭلار، مەندىن باشقا يارلىق چۈشۈرۈلمىگۈچە، بۇ شەھەرنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىشقا بولمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇڭلار. [22] بۇ ئىشنى ئادا قىلماي قېلىشتىن پەخەس بولۇڭلار؛ پادىشاھلارغا زىيان كەلتۈرىدىغان ئاپەت نېمىشقا كۆچىيىۋېرىدىكەن؟».

[23] پادىشاھ ئارتاخشاشتانىڭ يارلىقىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى رەھۇمغا، كاتىپ شىمشاي ھەم ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىغا ئوقۇپ بېرىلىشى بىلەنلا، ئۇلار ئالمان-تالمان يېرۇسالېمدىكى يەھۇدالارنىڭ قېشىغا چىقىپ، ھەربىي كۈچ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ئىشنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. [24] شۇنىڭ بىلەن يېرۇسالېمدىكى خۇدانىڭ ئۆيىدىكى ئىشلار توختىدى؛ ئىش تاكى پارس پادىشاھى دارىئۇس تەختكە چىقىپ ئىككىنچى يىلىغىچە توختاغلىق قالدى.

## مۇقەددەس ئۆينى يەنە بىر قېتىم يېڭىۋاشتىن سېلىش

5 [1] بۇ چاغدا پەيغەمبەرلەر، يەنى ھاگاي پەيغەمبەر بىلەن ئىددونىڭ ئوغلى زەكەرىيا پەيغەمبەر يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىيلارغا بېشارەت بېرىشكە باشلىدى؛ ئۇلار ئىسرائىلنىڭ

17:4 **«دەرياسىنىڭ شۇ تەرىپى»** ــ ئەرفات دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپى.
18:4 **«ئالدىمدا ئېنىق قىلىپ ئوقۇپ...»** ــ ياكى «ئالدىمدا تەرجىمە قىلىنىپ ئوقۇپ...».

خۇداسىنىڭ نامىدا ئۇلارغا بېشارەت بېرىشتى. 2 شۇنىڭ بىلەن
شېئالتىيەلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەل ۋە يوزاداكنىڭ ئوغلى يەشۇئا قوپۇپ
يېرۇسالېمدىكى خۇدانىڭ ئۆيىنى يېڭىۋاشتىن سېلىشقا باشلىدى؛
خۇدانىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ ئۇلارغا ياردەم بەردى.
3 شۇ چاغدا دەريانىڭ غەرب تەرىپىنىڭ باش ۋالىيسى تاتتىناي بىلەن
شېتار-بوزناي ھەم ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:
«كىم سىلەرگە بۇ ئۆينى يېڭىۋاشتىن سېلىشقا، بۇ قۇرۇلۇشنى
پۈتتۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى؟» دەپ سورىدى. 4 ئۇلار يەنە: «بۇ قۇرۇلۇشقا
مەسئۇل بولغۇچىلارنىڭ ئىسمى نېمە؟» دەپ سورىدى. 5 لېكىن
خۇدانىڭ نەزىرى يەھۇدا ئاقساقاللىرىنىڭ ئۈستىدە ئىدى، شۇڭا
باش ۋالىي قاتارلىقلار پادىشاھ دارىئۇسقا مەلۇم قىلغۇچە، شۇنداقلا
ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە بىرەر جاۋاب يارلىق كەلگۈچە ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش
ئىشىنى توسمىدى.

## پادىشاھ دارىئۇسقا يەنە بىر ئەرز مەلۇم قىلىنىشى

6 دەريانىڭ غەرب تەرىپىنىڭ ۋالىيسى تاتتىناي بىلەن شېتار-بوزناي
ھەم ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى، يەنى دەريانىڭ غەرب تەرىپىدىكى
ئافارساقلىقلار پادىشاھ دارىئۇسقا خەت ئەۋەتتى؛ خەتنىڭ
كۆچۈرۈلمىسى مانا تۆۋەندىكىدەك: 7 ئۇلار پادىشاھقا ئەۋەتكەن
مەلۇماتتا مۇنداق دېيىلگەن: «دارىئۇس ئالىيلىرىغا چوڭقۇر ئامان-
ئېسەنلىك بولغاي! 8 پادىشاھىمىزغا شۇ ئىش يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى،
بىز يەھۇدىيەگە، ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆردۇقكى، شۇ ئۆي
يوغان تاشلار بىلەن ياسىلىۋاتىدۇ، تاملىرىغا لىملار ئۆتكۈزۈلۈپ
سېلىنماقتا؛ بۇ قۇرۇلۇش تېز سۈرئەتتە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ.
9 ئاندىن بىز ئۇ يەردىكى ئاقساقاللاردىن: ــ كىم سىلەرگە بۇ ئۆينى

1:5 ھاگ. 1:1؛ زەك. 1:1
3:5 «بۇ قۇرۇلۇشنى...» ــ ياكى «بۇ تامنى...».
8:5 «...تېز سۈرئەتتە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ» ــ ياكى «...ئەستايىدىللىق بىلەن

سىلىشقا، بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى؟ ــ دەپ سورىدۇق.
[10] ۋە ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى
سورىدۇق، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى
پۈتۈپ خاتىرىلىمەكچى ئىدۇق. [11] ئۇلار بىزگە: «بىز ئاسمان-زېمىننىڭ
خۇداسىنىڭ قۇللىرى، بىز ھازىر بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى
سېلىنغان ئۆينى يېڭىۋاشتىن سېلىۋاتىمىز. مۇشۇ ئۆينى ئەسلىدە
ئىسرائىلنىڭ ئۇلۇغ بىر پادىشاھى سالدۇرغانىدى. [12] لېكىن ئاتا-
بوۋىلىرىمىز ئاسماندىكى خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغاچقا،
خۇدا ئۇلارنى كالدىيەلىك بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ
قولىغا تاپشۇرغان؛ ئۇ بۇ ئۆينى چاقتۇرۇۋېتىپ، خەلقنى بابىلغا
تۇتقۇن قىلىپ ئەكەتكەن. [13] لېكىن بابىل پادىشاھى قورەشنىڭ
بىرىنچى يىلى پادىشاھ قورەش خۇدانىڭ بۇ ئۆيىنى يېڭىۋاشتىن
سېلىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. [14] ۋە نېبوقادنەسار يېرۇسالېمدىكى بۇ
ئىبادەتخانىدىن ئېلىپ بابىل بۇتخانىسىغا ئاپىرىپ قويغان خۇدانىڭ
ئۆيىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش قاچا-قۇچىلارنىمۇ پادىشاھ قورەش ئۇلارنى
بابىل بۇتخانىسىدىن ئەپچىقتۇرۇپ، شەشبازار ئىسىملىك بىر
كىشىگە تاپشۇرغان؛ ئۇ ئۇنى باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.
[15] ھەم ئۇنىڭغا: ــ بۇ قاچا-قۇچىلارنى ئېلىپ ئۇلارنى يېرۇسالېمدىكى
ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ قويغىن؛ خۇدانىڭ ئۆيى ئەسلى جايىغا
يېڭىۋاشتىن سېلىنسۇن، دەپ بۇيرۇغان [16] ئاندىن شۇ شەشبازار دېگەن
كىشى كېلىپ، يېرۇسالېمدىكى خۇدانىڭ ئۆيىگە ئۇل سالغان؛ ئەنە
شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرغىچە ياسىلىۋاتىدۇ، تېخى پۈتمىدى» دەپ
جاۋاپ بەردى.
[17] ئەمدى ئالىيلىرىغا لايىق كۆرۈنسە، پادىشاھىمىزنىڭ شۇ يەردە،

---

ئۇگۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ».

**12:5** 2تار. 36:16-21

**13:5** 2تار. 36:22،23؛ ئەزرا 1

**14:5** ئەزرا 1:8

يەنى بابىلدىكى خەزىنىنى ئاختۇرۇپ بېقىشىنى، ئۇ يەردە پادىشاھ
قورەشنىڭ يېرۇسالېمدىكى خۇدانىڭ ئۆيىنى يېڭىۋاشتىن سېلىش
توغرىسىدا چۈشۈرگەن يارلىقىنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ
بېقىشىنى سورايمىز ھەم پادىشاھىمىزنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا ئۆز
ئىرادىسىنى بىزگە بىلدۈرۈپ قويۇشىنى ئۆتۈنىمىز».

## پادىشاھ دارىئۇسنىڭ ئىلگىركى پادىشاھنىڭ يارلىقنى تېپىشى

6 [1] ئاندىن پادىشاھ دارىئۇس بابىلدىكى دۆلەت-بايلىقلار ساقلانغان
«ئارخىپلار ئۆيى»نى تەكشۈرۈپ چىقىشقا يارلىقلارنى چۈشۈردى.
[2] مېدىئا ئۆلكىسىدىكى ئاخمېتا قەلئەسىدىن بىر ئورام قەغەز
تېپىلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر خاتىرە پۈتۈلگەن: [3] «پادىشاھ قورەشنىڭ
بىرىنچى يىلى، پادىشاھ قورەش يېرۇسالېمدىكى خۇدانىڭ ئۆيىگە
دائىر مۇنداق بىر يارلىق چۈشۈردى: ــ «قۇربانلىق سۇنۇلىدىغان
ئورۇن بولۇش ئۈچۈن بۇ ئۆي يېڭىۋاشتىن سېلىنسۇن؛ ئۇلى پۇختا
سېلىنسۇن، ئۆينىڭ ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز، كەڭلىكى ئاتمىش
گەز بولسۇن. [4] ئۈچ قەۋەت يوغان تاش، بىر قەۋەت يېڭى ياغاچ بىلەن
سېلىنسۇن، بارلىق خىراجەت پادىشاھلىق خەزىنىسىدىن چىقىم
قىلىنسۇن. [5] ئەسلىدە نېبوقادنەسار يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدىن
ئېلىپ بابىلغا ئاپىرىپ قويغان، خۇدانىڭ ئۆيىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش
قاچا-قۇچىلارنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇپ كېلىنىپ، يېرۇسالېمدىكى
ئىبادەتخانىغا قايتىدىن يەتكۈزۈلۈپ، ھەربىرى ئۆز جايىغا قويۇلسۇن؛
ئۇلار خۇدانىڭ ئۆيىگە قويۇلسۇن!»».

---

1:6 **«ئارخىپلار ئۆيى»** ــ ئارامىي تىلدا «ئورام ئارخىپلار ئۆيى».

2:6 **«ئاخمېتا»** ــ تارىختا بۇ قەلئە ئادەتتە «ئەكباتانا» دېگەن نامى بىلەن تونۇلغان.

3:6 **«ئۆينىڭ ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز، كەڭلىكى ئاتمىش گەز...»** ــ مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز» قولنىڭ جەينەكتىن بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقى (تەخمىنەن 45 سانتىمېتر) ئىدى.

## پادىشاھنىڭ مۇقەددەس ئۆينى داۋاملىق يېڭىۋاشتىن سېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈشى

6 دارىئۇستىن يارلىق چۈشۈرۈلۈپ: «ــ شۇڭا، ئى دەريانىڭ شۇ تەرىپىنىڭ باش ۋالىيسى تاتتىناي ۋە شېتار-بوزناي ھەم سىلەرنىڭ ھەمراھلىرىڭلار، يەنى دەريانىڭ شۇ تەرىپىدىكى ئافارساقلىقلار، ئەمدى سىلەر ئۇ يەردىن نېرى كېتىڭلار! 7 خۇدانىڭ ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن؛ يەھۇدىيلارنىڭ باش ۋالىيسى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ خۇدانىڭ بۇ ئۆيىنى ئەسلىدىكى ئورنىغا سېلىشىغا يول قويۇڭلار.

8 شۇنىڭدەك مەن خۇدانىڭ بۇ ئۆيىنىڭ سېلىنىشى ئۈچۈن يەھۇدالارنىڭ ئاقساقاللىرى توغرۇلۇق سىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردۈمكى: ــ دەريانىڭ غەرب تەرىپىدىن، پادىشاھلىق خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغان باج كىرىمىدىن سىلەر كېچىكتۈرمەي شۇ ئادەملەرگە تولۇق خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىڭلار، قۇرۇلۇش ھېچ توختاپ قالمىسۇن. 9 ئۇلارغا نېمە كېرەك بولسا، جۈملىدىن ئاسماندىكى خۇداغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇشقا، مەيلى ئەركەك تورپاق بولسۇن، قوچقار ياكى قوزىلار بولسىمۇ، شۇلار بېرىلسۇن؛ يەنە يېرۇسالېمدىكى كاھىنلارنىڭ بەلگىلىگىنى بويىچە بۇغداي، تۇز، شاراب ياكى زەيتۇن مايلار بولسۇن شۇلارنىڭ بىرىمۇ كەم قىلىنماي، ھەر كۈنى تەمىن ئېتىپ تۇرۇلسۇن. 10 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاسماندىكى خۇداغا خۇشبۇي قۇربانلىقلارنى كەلتۈرۈپ، پادىشاھقا ۋە پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىسۇن. 11 مەن يەنە بۇيرۇيمەنكى، كىمكى بۇ يارلىقنى ئۆزگەرتسە، شۇ كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ بىر تال لىمى سۇغۇرۇۋېلىنىپ تىكلەنگەندىن كېيىن، شۇ كىشى ئۇنىڭغا ئېسىپ مىخلاپ قويۇلسۇن، ئۆيى ئەخلەتخانىغا ئايلا

6:6 **«دەريانىڭ شۇ تەرىپى»** ــ ئەفرات دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ.

8:6 **«كېچىكتۈرمەي...»** ــ ياكى «ئەستايىدىللىق بىلەن...».

10:6 **«پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىسۇن»** ــ ئارامىي تىلدا «پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھاياتىنى تىلىسۇن».

ندۇرۇۋېتىلسۇن! [12] ۋە ئۆزىنىڭ نامىنى شۇ يەردە قالدۇرغان خۇدا مۇشۇ يېرۇسالېمدىكى ئۆيىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى بۇزۇشقا قول ئۇزارتقان ھەرقانداق پادىشاھ ياكى خەلقنى ھالاك قىلسۇن! مەن دارىئۇس مۇشۇ يارلىقنى چۈشۈردۇم، ئەستايىدىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈلسۇن!» دېيىلدى.

## ئىبادەتخانىنىڭ پۈتكۈزۈلۈشى

[13] ئاندىن دەريانىڭ غەرب تەرىپىنىڭ باش ۋالىيسى تاتتىناي، شېتار-بوزناي ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى پادىشاھ دارىئۇسنىڭ ئەۋەتكەن يوليورۇقى بويىچە ئەستايىدىللىق بىلەن شۇ ئىشنى بەجا كەلتۈردى. [14] يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرى قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھاگاي پەيغەمبەر ۋە ئىددونىڭ ئوغلى زەكەرىيانىڭ بېشارەت بېرىشلىرى بىلەن شۇ ئىشتا روناق تاپتى. ئۇلار ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ ئەمرى بويىچە، شۇنداقلا قورەش، دارىئۇس ۋە ئارتاخشاشتا قاتارلىق پارس پادىشاھلىرىنىڭ ئەمرى بويىچە ئىشلەپ، ئۆينى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىش ئىشىنى پۈتتۈردى. [15] بۇ ئۆي دارىئۇس پادىشاھى سەلتەنىتىنىڭ ئالتىنچى يىلى، ئادار ئېيىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى پۈتكۈزۈلدى.

## ئۆينىڭ خۇداغا ئاتىلىشى

[16] ئىسرائىللار ــ كاھىنلار، لاۋىيلار ۋە قالغان سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ بۇ ئۆيىنى ئۇنىڭغا ئاتاش مۇراسىمىنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزدى. [17] ئۆينى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئاتاش مۇراسىمىدا ئۇلار يۈز تورپاق، ئىككى يۈز قوچقار ۋە تۆت يۈز قوزا سۇندى ھەم ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ سانى بويىچە بارلىق ئىسرائىل ئۈچۈن گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئون ئىككى تېكىنى سۇندى. [18] ئۇلار يەنە

11:6 «ئەخلەتخانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلسۇن!» ــ ياكى «ھاجەتخانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلسۇن!».

يېرۇسالېمدىكى خۇدانىڭ ئىبادەت-خىزمىتىنى ئۆتەشكە، مۇسانىڭ كىتابىدا يېزىلغىنى بويىچە، كاھىنلارنى ئۆز نۆۋىتى بويىچە، لاۋىيلارنى گۇرۇپپىلىرى بويىچە تۇرغۇزدى.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى

[19] بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەنلەر «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نى ئۆتكۈزدى. [20] چۈنكى كاھىنلار ۋە لاۋىيلار بىر نىيەت بىلەن بىرلىكتە پاكلىنىش رەسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەممىسى پاكلاندى؛ ئاندىن ئۇلار بارلىق سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان كاھىنلار ۋە ھەم ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا ئاتالغان قوزىلىرىنى سويدى. [21] سۈرگۈنلۈكتىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ئىسرائىللار ۋە شۇنىڭدەك ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنى ئىزدەپ، ئۆزلىرىنى زېمىندىكى يات ئەللىكلەرنىڭ بۇلغاشلىرىدىن ئايرىپ چىققان بارلىق كىشىلەر قوزا گۆشلىرىنى بىرلىكتە يېيىشتى. [22] ئۇلار پېتىر نان ھېيتىنى خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە يەتتە كۈن ئۆتكۈزدى؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنى خۇشاللىققا چۆمدۈردى ھەم ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ كۆڭلىنى ئۇلارغا مايىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىنى — ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ ئۆيىنى قۇرۇشقا ئۇلارنىڭ قولىنى مۇستەھكەملىدى.

---

18:6 **«مۇسانىڭ كىتابى»** — بەلكىم تەۋراتنىڭ 1-، 2-، 3-، 4- ۋە 5-قىسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ

**18:6** چۆل. 3:6، 32؛ 8:11؛ 1تار. 24:1

**19:6** مىس. 12:1-28؛ لاۋ. 23:5؛ چۆل. 28:16؛ قان. 16:2

22:6 **«ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ كۆڭلى»** — پارس ئىمپېراتورىنى «ئاسۇرىيە پادىشاھى» دەپ ئاتاش قىزىق ئىش. شۈبھىسىزكى، پارس ئىمپېراتورى «بابىل پادىشاھى»، شۇنداقلا «ئاسۇرىيە پادىشاھى» دېگەن ئۇنۋانلارغا ۋارىسلىق قىلغان.

## كاھىن ئەزرانىڭ بابىلدىن قايتىپ كېلىشى

7 [1] شۇ ئىشلاردىن كېيىن پارس پادىشاھى ئارتاخشاشتا سەلتەنەت
سۈرگەن مەزگىلدە ئەزرا دېگەن كىشى بابىلدىن يېرۇسالېمغا
چىقتى. ئۇ سېراياانىڭ ئوغلى، سېرايا ئازارىيانىڭ ئوغلى، ئازارىيا
ھىلقىيانىڭ ئوغلى، [2] ھىلقىيا شاللۇمنىڭ ئوغلى، شاللۇم زادوكنىڭ
ئوغلى، زادوك ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى، [3] ئاخىتۇب ئامارىيانىڭ ئوغلى،
ئامارىيا ئازارىيانىڭ ئوغلى، ئازارىيا مېرايوتنىڭ ئوغلى، [4] مېرايوت
زەراھىياھنىڭ ئوغلى، زەراھىياھ ئۇززىنىڭ ئوغلى، ئۇززى بۇككىنىڭ
ئوغلى، [5] بۇككى ئابىشۇئانىڭ ئوغلى، ئابىشۇئا فىنىھاسنىڭ
ئوغلى، فىنىھاس ئەلئازارنىڭ ئوغلى، ئەلئازار بولسا باش كاھىن
ھارۇننىڭ ئوغلى ئىدى؛ [6] — ئەزرا دېگەن بۇ كىشى بابىلدىن قايتىپ
چىقتى. ئۇ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇساغا نازىل قىلغان
تەۋرات قانۇنىغا پىشقان تەۋراتشۇناس ئىدى؛ ئۇنىڭ خۇداسى بولغان
پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇنىڭدا بولغاچقا، ئۇ نېمىنى تەلەپ قىلسا
پادىشاھ شۇنى بەرگەنىدى. [7] پادىشاھ ئارتاخشاشتانىڭ يەتتىنچى
يىلى بىر قىسىم ئىسرائىللار، كاھىنلار، لاۋىيلار، غەزەلكەشلەر،
دەرۋازىۋەنلەر ۋە ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ بىلەن
بىرلىكتە يېرۇسالېمغا قايتىپ چىقتى. [8] ئەزرا ئەمدى پادىشاھنىڭ
سەلتەنىتىنىڭ يەتتىنچى يىلى بەشىنچى ئايدا يېرۇسالېمغا يېتىپ
كەلدى. [9] بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئۇ بابىلدىن چىقىشقا
تەييارلاندى؛ خۇدانىڭ شەپقەتلىك قولى ئۇنىڭدا بولغاچقا، ئۇ
بەشىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى يېرۇسالېمغا يېتىپ كەلدى. [10] چۈنكى
ئەزرا كۆڭۈل قويۇپ پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات-قانۇنىنى چۈشىنىپ

6:7 **«قايتىپ چىقتى»** — مۇقەددەس كىتابتا «يېرۇسالېمغا بېرىش»، ياكى «يېرۇسالېمغا كېلىش» دېگەن سۆز دائىم دېگۈدەك «يېرۇسالېمغا چىقىش» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن، «يەر.» 6:31). **«پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇنىڭدا بولغاچقا...»** — تەۋراتتا «پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇنىڭدا بولغاچقا» دېگەن سۆزلەر كۆپ يەرلەردە ئۇچرايدۇ، ئۇ: «پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەچكە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

7:7 **«ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى»** — ئىبرانىي تىلىدا «نەتىنىيلار». 43:2نى كۆرۈڭ.

تەھسىل قىلىشقا ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ۋە شۇنىڭدەك ئىسرائىل ئىچىدە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈم-بەلگىلىمىلەرنى ئۆگىتىشكە نىيەت قىلغانىدى.

## پادىشاھ ئارتاخشاشتانىڭ ئەزراغا تاپشۇرغان يارلىق خېتى

[11] مانا بۇ پادىشاھ ئارتاخشاشتا كاھىن ھەم تەۋراتشۇناس ئەزراغا تاپشۇرغان يارلىق خېتىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى: ــ (ئەزرا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە ئائىت ئىشلارغا ھەم ئۇنىڭ ئىسرائىللارغا تاپشۇرغان بەلگىلىمىلىرىگە پىششىق تەۋراتشۇناس ئىدى): ــ [12] «مەنكى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ئارتاخشاشتادىن ئاسمانلاردىكى خۇدانىڭ مۇكەممەل تەۋرات-قانۇنىغا پىششىق تەۋراتشۇناس كاھىن ئەزراغا سالام! [13] ئەمدى مەن شۇنداق يارلىق چۈشۈرىمەنكى، پادىشاھلىقىمدا تۇرۇۋاتقان ئىسرائىللاردىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كاھىن ۋە لاۋىيلىرىدىن كىملەر يېرۇسالېمغا بېرىشنى خالىسا، ھەممىسى سېنىڭ بىلەن بىللە بارسا بولىدۇ. [14] چۈنكى سەن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ يەتتە مەسلىھەتچىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئىكەنسەن، قولۇڭدىكى خۇدانىڭ قانۇن كىتابىدا ئېيتىلغانلىرى بويىچە، يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېمغا تەكشۈرۈش-ھال سوراشقا ئەۋەتىلگەنسەن. [15] سەن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا سۇنغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىل (ئۇنىڭ ماكانى يېرۇسالېمدىدۇر)؛ [16] شۇنىڭدەك قولۇڭ پۈتكۈل بابىل ئۆلكىسىدە قانچىلىك ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تاپالىسا، شۇنى خەلق ۋە كاھىنلار يېرۇسالېمدىكى خۇدانىڭ ئۆيىگە تەقدىم قىلىشقا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرگەن سوۋغاتلارغا قوشۇپ ئاپارغىن. [17] سەن بۇ پۇللارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قۇربانلىقلار

12:7 **«خۇدانىڭ مۇكەممەل تەۋرات-قانۇنى»** ــ بۇ ئايەتتىكى «مۇكەممەل» دېگەن سۆزنىڭ باشقا تەرجىمىلەردىكى ئورنى بىزنىڭ تەرجىمىمىزدىكىگە ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن: ــ مەسىلەن «ئارتاخشاشتادىن... خۇدانىڭ قانۇنىغا **مۇكەممەل** تەۋراتشۇناس بولغان كاھىن ئەزراغا...» ياكى «ئارتاخشاشتادىن... ئەزراغا **مۇكەممەل** سالام (خاتىرجەملىك) بولغاي».

**15:7** ئەزرا 25:8

ئۈچۈن تورپاق، قوچقار، قوزا ۋە قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەلىرى ھەم شاراب
ھەدىيەلىرى سېتىۋېلىپ، بۇلارنى يېرۇسالېمدىكى خۇدايىڭلارنىڭ
ئۆيىدىكى قۇربانگاھقا سۇنغىن.
[18] قالغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى سەن ۋە جەمەتىڭدىكىلەرگە قانداق
قىلىش مۇۋاپىق كۆرۈنسە، خۇدايىڭلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە شۇنداق
قىلىڭلار. [19] سېنىڭ خۇدايىڭنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارغا ئىشلىتىشكە
ساڭا بەرگەن قاچا-قۇچىلارنى يېرۇسالېمدىكى خۇدانىڭ ئالدىغا قوي.
[20] ئەگەر شۇنىڭدەك ساڭا خۇدايىڭنىڭ ئۆيىدىكى قالغان ئىشلارغا
چىقىم قىلىدىغانغا نېمە خىراجەت كېرەك بولسا، سەن پادىشاھ
خەزىنىسىدىن ئېلىپ ئىشلەتكىن.
[21] شۇنىڭ بىلەن مەنكى پادىشاھ ئارتاخشاشتادىن دەريانىڭ شۇ غەرب
تەرىپىدىكى بارلىق خەزىنە بەگلىرىگە شۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرىمەنكى،
ئاسماندىكى خۇدانىڭ تەۋرات-قانۇنىنىڭ ئالىمى بولغان كاھىن ئەزرا
سىلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلسا، سىلەر ئەستايىدىللىق بىلەن
ئۇنىڭ دېگىنىدەك بىجىرىڭلار. [22] ئۇنىڭ ئالدىغىنى كۈمۈش يۈز
تالانتقىچە، بۇغداي يۈز كورغىچە، شاراب يۈز باتقىچە، زەيتۇن مېيى
يۈز باتقىچە بولسۇن، تۇزغا چەك قويۇلمىسۇن. [23] ئاسمانلاردىكى
خۇدا نېمىنى ئەمر قىلسا، شۇ ئاسمانلاردىكى خۇدانىڭ ئۆيى ئۈچۈن
ئەستايىدىللىق بىلەن بىجىرىلسۇن؛ نېمىشقا خۇدانىڭ غەزىپىنى
پادىشاھ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ پادىشاھلىقىغا چۈشۈرگۈدەكمىز؟ [24] بىز
شۇنىمۇ سىلەرگە مەلۇم قىلىمىزكى، ئومۇمەن كاھىنلار، لاۋىيلار،
غەزەلكەشلەر، دەرۋازىۋەنلەر، ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ۋە خۇدانىڭ
بۇ ئۆيىدە خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن باج، ئولپان ۋە
پاراق ئېلىشقا بولمايدۇ.

---

22:7 **«كۈمۈش يۈز تالانتقىچە، بۇغداي يۈز كورغىچە، شاراب يۈز باتقىچە،...»** — بىر «تالانت»نىڭ توپتوغرا قانچىلىك ئېكەنلىكى ھازىر بىزگە نامەلۇم، بەلكىم 45 كىلوگرام بولۇشى مۇمكىن؛ شۇڭا 100 تالانت كۈمۈش بەلكىم 4 توننىچە بولاتتى؛ بىر «كور» 220 لىتر، 100 كور بۇغداي 30 توننا، بىر «بات» 22 لىتر، 100 بات 2200 لىتر بولاتتى.

[25] ئەمدى سەن ئەي ئەزرا، خۇدايىڭنىڭ سەندە بولغان ھېكمىتىگە ئاساسەن، دەريانىڭ شۇ غەرب تەرىپىدە خۇدايىڭنىڭ تەۋرات-قانۇنىنى بىلگەن، بارلىق خەلقنىڭ دەۋاسىنى سورايدىغان، ئۇلارنى ئىدارە قىلىدىغان سوراقچى ۋە ھاكىملارنى تەيىنلىگىن؛ ۋە تەۋرات-قانۇنىنى بىلمەيدىغانلارغا بولسا، ئۇلارغا بۇلارنى ئۆگىتىڭلار. [26] خۇدايىڭنىڭ قانۇنىغا ۋە پادىشاھلىقنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلمايدىغانلار بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئادالەتلىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلسۇن؛ ئۇ ئۆلۈمگە، ياكى سۈرگۈنگە ياكى مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا ۋە ياكى زىندانغا تاشلاشقا ھۆكۈم قىلىنسۇن».

## ئەزرانىڭ خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇشلىرى

[27] ئەزرا مۇنداق دېدى — ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا بولغاي! چۈنكى ئۇ پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە، يېرۇسالېمدىكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى شۇنداق كۆركەم بېزەش نىيىتىنى سالدى، [28] يەنە مېنى پادىشاھ ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئالدىدا ھەم پادىشاھنىڭ مۆھتەرەم ئەمىرلىرى ئالدىدا ئىلتىپاتقا ئېرىشتۈردى. پەرۋەردىگار خۇدايىمنىڭ قولى مەندە بولۇپ، ئۇ مېنى غەيرەتلەندۈرگەچكە، ئۆزۈم بىلەن بىللە يېرۇسالېمغا چىقىشقا ئىسرائىللار ئىچىدىن بىرنەچچە مۆتىۋەرلەرنى يىغدىم.

## ئەزرا بىلەن بىللە قايتقانلارنىڭ سانى

8 [1] پادىشاھ ئارتاخشاشتا سەلتەنەت سۈرۈپ تۇرغان ۋاقىتتا، بابىلدىن مېنىڭ بىلەن بىللە قايتقانلارنىڭ ئاتا جەمەت باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرى تۆۋەندىكىچە: —
[2] فىنىھاسنىڭ ئەۋلادلىرىدىن گەرشون، ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن

25:7 «ئەمدى سەن ئەي ئەزرا، خۇدايىڭنىڭ سەندە بولغان ھېكمىتىگە ئاساسەن...» — ئىبرانىي تىلىدا «ئەمدى سەن قولۇڭدا تۇتقان خۇدايىڭنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن...».

دانىيال، داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھاتتۇش، [3] شېكانىيانىڭ
ئەۋلادلىرىدىن، يەنى پاروشنىڭ ئەۋلادلىرىدىن زەكەرىيا ۋە ئۇنىڭ
بىلەن نەسەبنامىدە تىزىملانغان ئەركەكلەر جەمئىي بىر يۈز ئەللىك
كىشى؛ [4] پاھات-موئابنىڭ ئەۋلادلىرىدىن زەراھىياھنىڭ ئوغلى
ئەليوئىناي ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتقان ئەركەكلەر ئىككى يۈز
كىشى؛ [5] شېكانىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ياھازىيەلنىڭ ئوغلى
ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتقان ئەركەكلەر ئۈچ يۈز كىشى؛ [6] ئادىننىڭ
ئەۋلادلىرىدىن يوناتاننىڭ ئوغلى ئەبەد ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتقان
ئەركەكلەر ئەللىك كىشى؛ [7] ئېلامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئاتالىيانىڭ
ئوغلى يەشايا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتقان ئەركەكلەر يەتمىش
كىشى؛ [8] شەفاتىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن مىكائىلنىڭ ئوغلى زەبادىيا ۋە
ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتقان ئەركەكلەر سەكسەن كىشى؛ [9] يوئابنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن يەھىيەلنىڭ ئوغلى ئوبادىيا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە
قايتقان ئەركەكلەر ئىككى يۈز ئون سەككىز كىشى؛ [10] شېلومىتنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن يوسىفىيانىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتقان
ئەركەكلەر بىر يۈز ئاتمىش كىشى؛ [11] بىباينىڭ ئەۋلادلىرىدىن
بىباينىڭ ئوغلى زەكەرىيا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتقان ئەركەكلەر
يىگىرمە سەككىز كىشى؛ [12] ئازگادنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھاككاتاننىڭ
ئوغلى يوھانان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتقان ئەركەكلەر بىر يۈز ئون
كىشى؛ [13] ئادونىكامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەڭ ئاخىرىدا قايتقانلارنىڭ
ئىسىملىرى ئەلىفەلەت، يەئىيەل ۋە شېمايا بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە

---

3:8 **«شېكانىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى (2-ئايەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ): «داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن، ھاتتۇش، يەنى شېكانىيانىڭ ئوغلى، پاروشنىڭ ئەۋلادلىرىدىن... ».

5:8 **«شېكانىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ياھازىيەلنىڭ ئوغلى»** ــ كونا گرېكچە تەرجىمىسى (LXX)دە «زاتتۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ياھازىيەلنىڭ ئوغلى شېكانىيا» دېيىلگەن. بۇ كونا تەرجىمە توغرا بولۇشى مۇمكىن.

10:8 **«شېلومىتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يوسىفىيانىڭ ئوغلى»** ــ كونا گرېكچە تەرجىمىسى (LXX)دە «بانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يوسىفىيانىڭ ئوغلى شېلومىت» دېيىلگەن. بۇ كونا تەرجىمە توغرا بولۇشى مۇمكىن.

قايتقان ئەركەكلەر ئاتمىش كىشى؛ [14] بىگۋاينىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۇتاي بىلەن زاببۇد ۋە ئۇلار بىلەن بىللە قايتقان ئەركەكلەر يەتمىش كىشى.

## لاۋىيلار بىلەن ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ـ يەنى «نەتانىيلار» ـ ئۇلارنىڭ چاقىرتىلىشى

[15] ــ مەن ئۇلارنى ئاخاۋاغا ئاقىدىغان دەريانىڭ بويىغا يىغدىم؛ بىز ئۇ يەردە چېدىر تىكىپ ئۈچ كۈن تۇردۇق. خەلقنى ۋە كاھىنلارنى ئارىلاپ قارىسام ئۇ يەردە لاۋىيلار يوق ئىكەن. [16] شۇڭا مەن باشلىقلاردىن ئەلىئېزەر، ئارىيەل، شېمايا، ئەلناتان، يارىب، ئەلناتان، ناتان، زەكەرىيا بىلەن مەشۇللامالارنى ۋە ئۇلارغا قوشۇپ ئوقۇمۇشلۇق ئالىملاردىن يوئارىب بىلەن ئەلناتاننى چاقىرتىپ كېلىپ، [17] ئۇلارغا ھاۋالە قىلىپ كاسىفىيا دېگەن يەرگە، ئىددو دېگەن ئاتامان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتىم. مەن كاسىفىيا دېگەن يەردە ئىددوغا ۋە ئۇنىڭ ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى بولغان قېرىنداشلىرىغا دەيدىغان گەپلەرنى ئاغزىغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە خۇدايىمىزنىڭ ئۆيى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچىلەرنى بىزگە ئەكېلىشنى ئۆتۈندۈم. [18] خۇدايىمىزنىڭ شاپائەتلىك قولى بىزدە بولغاچقا، ئۇلار بىزگە ئىسرائىلنىڭ ئەۋرىسى، لاۋىينىڭ نەۋرىسى ماھلىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ئوقۇمۇشلۇق بىر ئادەمنى، يەنى شەرەبىيانى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەم قېرىنداشلىرى بولۇپ جەمئىي ئون سەككىز كىشىنى باشلاپ كەلدى. [19] ئۇلار يەنە ھاشابىيا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يەشايا ھەم ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە كىشىنى، [20] يەنە ئىلگىرى داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئەمىرلىرى لاۋىيلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا تەيىنلىگەن

13:8 **«ئادونىكامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەڭ ئاخىردا قايتقانلار...»** ــ ياكى «ئادونىكامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن، يەنى ئەڭ ئاخىردا قايتقانلار...»

15:8 **«لاۋىيلار يوق ئىكەن»** ــ كاھىنلار ئۆزلىرى لاۋىيلار، ئەلۋەتتە (پەقەت ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى كاھىن بولىدۇ)؛ مۇشۇ يەردە دېيىلگۈاتقىنى كاھىنلىقتىن باشقا روھىي خىزمەت قىلالايدىغان لاۋىيلارنى كۆرسىتىدۇ.

«نەتىنىيلار»دىن ئىككى يۈز يىگىرمە كىشىنى باشلاپ كەلدى،
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىملىرى بىلەن تىزىملاندى.

## قايتىپ كېلىشكە تەييارلىنىش

[21] شۇ چاغدا ئاخاۋا دەرياسى بويىدا مەن خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا
ئۆزۈمىزنى تۆۋەن قىلىپ، ئۆزىمىز ۋە كىچىك بالىلىرىمىز ھەم بارلىق
مال-مۈلكىمىز ئۈچۈن خۇدايىمىزدىن ئاق يول تىلەشكە روزا تۇتايلى،
دەپ جاكارلىدىم. [22] چۈنكى بىز ئەسلىدە پادىشاھقا: «خۇدايىمىزنىڭ
قولى ئۇنى بارلىق ئىزدىگەنلەرنىڭ ئۈستىگە ئىلتىپات كۆرسىتىشكە
قويۇلىدۇ؛ لېكىن ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن غەزىپى ئۆزىنى تاشلىغانلارغا
زەربە بېرىشكە تەيياردۇر» دېگەنىدۇق، ئەمدى يەنە ئۇنىڭدىن يولدىكى
دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەرلەر تەيىنلەپ
بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىمدىن خىجىل بولۇپ قالدىم. [23] شۇنىڭ
بىلەن بىز روزا تۇتۇپ خۇدايىمىزدىن شۇ ئىش توغرۇلۇق ئۆتۈندۇق، ئۇ
دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلدى.

## مۇقەددەس ئۆي ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنغان سوۋغاتلار

[24] مەن كاھىن باشلىرى ئىچىدىن ئون ئىككى ئادەمنى ۋە شەرەبىيا،
ھاشابىيا ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغان ئاكا-ئۇكىلىرىدىن ئون
ئادەمنى تاللاپ، [25] ئۇلارغا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قاچا-قۇچىلارنى، يەنى
پادىشاھ، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، ئەمىرلىرى ۋە شۇنىڭدەك شۇ
يەردە تۇرۇۋاتقان بارلىق ئىسرائىللار «كۆيدۈرمە ھەدىيە» سۈپىتىدە
خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىگە ھەدىيە قىلغان سوۋغاتلارنى تاپشۇردۇم.
[26] مەن كۈمۈشتىن ئالتە يۈز ئەللىك تالانت، يۈز تالانت ئېغىرلىقتىكى
كۈمۈش قاچا-قۇچا، يۈز تالانت ئالتۇننى ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆلچەپ تا

---

20:8 **«نەتىنىيلار»** ــ ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى.

**25:8** ئەزرا 7:14، 15

پشۇردۇم. [27]ئۇلارغا تاپشۇرغانلىرىمدىن يەنە ئالتۇن داس يىگىرمە بولۇپ، قىممىتى مىڭ دارىك، سۇپەتلىك ۋە ۋاللىداپ پارقىرايدىغان مىس چوڭ داس ئىككى بولۇپ، ئالتۇندەك قىممەتلىك ئىدى. [28]مەن ئۇلارغا: ــ سىلەر پەرۋەردىگارغا مۇقەددەستۇرسىلەر، قاچا-قۇچىلارمۇ مۇقەددەستۇر، ئالتۇن-كۈمۈشلەر ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا ئىختىيارىي ھەدىيە قىلىنغان سوۋغاتتۇر. [29]تاكى يېرۇسالېمدىكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى ئامبار-خەزىنىلەرگە يەتكۈزۈپ، كاھىنلار ۋە لاۋىيلارنىڭ باشلىرى ۋە ئىسرائىللارنىڭ قەبىلە-جەمەت باشلىقلىرىنىڭ ئالدىدا تارازىدىن ئۆتكۈزگۈچە بۇلارنى ئوبدان قاراپ قوغداڭلار، دېدىم. [30]شۇنىڭ بىلەن كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار يېرۇسالېمدىكى خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدىغان، تارازىدىن ئۆتكۈزۈلگەن شۇ ئالتۇن-كۈمۈش ۋە قاچا-قۇچىلارنى تاپشۇرۇۋالدى.

## يېرۇسالېمغا يېتىپ كېلىش

[31]شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى بىز ئاخاۋا دەرياسىنىڭ بويىدىن قوزغىلىپ يېرۇسالېمغا چىقىشقا ماڭدۇق. خۇدايىمىزنىڭ قولى ئۈستىمىزدە بولغاچقا، ئۇ بىزنى دۈشمەنلىرىمىزدىن ۋە يولدا پايلاپ تۇرغان قاراقچىلاردىنمۇ قۇتقۇزدى. [32]بىز يېرۇسالېمغا كېلىپ ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردۇق؛ [33]تۆتىنچى كۈنى خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىدە ئالتۇن-كۈمۈش ۋە قاچا-قۇچىلار تارازىدا ئۆلچىنىپ كاھىن ئۇرىيانىڭ ئوغلى مەرەموتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى؛

---

26:8 **«كۈمۈشتىن ئالتە يۈز ئەللىك تالانت... يۈز تالانت ئالتۇن...»** ــ شۇ دەۋردىكى ئىسرائىللار ئارىسىدا بىر «تالانت»نىڭ توپتوغرا قانچىلىك ئىكەنلىكى بىزگە ئېنىق ئەمەس؛ «كۈمۈشنىڭ تالانتى» بولسا بەلكىم 45 كىلوگرام، «ئالتۇننىڭ تالانتى» بەلكىم 90 كىلوگرام بولۇشى مۇمكىن؛ شۇڭا 650 تالانت كۈمۈش بەلكىم 29 توننىچە بولاتتى، 100 تالانت كۈمۈش 6.5 توننىچە، 100 تالانت ئالتۇن 9 توننىچە بولاتتى.

27:8 **«دارىك»** ــ (ياكى «دراخما») ــ پارس ئىمپېرىيەسىدىكى بىرخىل ئالتۇن تەڭگە؛ مۇشۇ يەردە بۇ داسلارنىڭ قىممىتى 400-500 كىلوگرام ئالتۇنغا باراۋەر ئىدى.

ئۇنىڭ يېنىدا فىنھاسنىڭ ئوغلى ئەلئازار، يەنە لاۋىيلاردىن يەشۇئانىڭ ئوغلى يوزاباد بىلەن بىننۇئىينىڭ ئوغلى نوئادىياھلار بار ئىدى. [34] ھەممە نەرسە سانى بويىچە ۋە ئېغىرلىقى بويىچە ئۆلچەندى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى پۈتۈپ قويۇلدى.

[35] شۇ چاغدا ئەسلى ئېلىپ كېتىلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتقانلار ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىغا «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىسرائىل ئۈچۈن ئون ئىككى تورپاق، توقسان ئالتە قوچقار، يەتمىش يەتتە قوزا سۇندى، يەنە گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئون ئىككى تېكە سۇندى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئىدى. [36] ئۇلار پادىشاھنىڭ يارلىق خەتلىرىنى پادىشاھنىڭ ۋالىيلىرىغا ۋە دەريانىڭ بۇ غەرب تەرىپىدىكى ھۆكۈمدارلارغا تاپشۇرۇۋىدى، ئۇلار خەلققە ۋە خۇدانىڭ ئۆيىنىڭ ئىشلىرىغا ئىزچىل ياردەم بەردى.

## خەلقنىڭ يات ئەللەرگە ئەگىشىپ ساداقەتسىزلىق قىلىشى ـ ئەزرانىڭ ئىسرائىلنىڭ گۇناھلىرىنى تونۇپ دۇئا قىلىشى

9 [1] بۇ ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن ئەمىرلەر مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى يېنىمغا كېلىپ: ــ ئىسرائىللار، كاھىنلار ۋە لاۋىيلار ئۆزلىرىنى مۇشۇ زېمىنلاردىكى تائىپىلەردىن، يەنى ئۇلارنىڭ يىرگىنچلىك ئادەتلىرىدىن ئايرىپ تۇرمىدى، ــ دىمەك، ئۇلار قانائانىيلار، ھىتتىيلار، پەرىززىيلەر، يەبۇسىيلار، ئاممونىيلار، موئابىيلار، مىسىرلىقلار ۋە ئامورىيلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. [2] چۈنكى ئۇلار بۇ يات تائىپىلەردىن ئۆزلىرىگە ۋە ئوغۇللىرىغا خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، خۇداغا خاس مۇقەددەس نەسلىنى مۇشۇ زېمىنلاردىكى تائىپىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمىرلەر بىلەن ئەمەلدارلار بۇ ساداقەتسىزلىكنىڭ باشلامچىلىرىدۇر، ــ دېيىشتى.

[3] مەن بۇ ئىشنى ئاڭلاپلا كۆڭلەك بىلەن تونۇمنى يىرتىپ، چاچ-

ساقاللىرىمنى يۇلۇپ غەم-قايغۇغا چۆشۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. 4ۋە
ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ سۆزلىرىدىن قورقۇپ تىترىگەنلەرنىڭ
ھەربىرى سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ساداقەتسىزلىكى
تۈپەيلىدىن يېنىمغا كەلدى. مەن تاكى كەچلىك قۇربانلىق سۇنۇلغۇچە
غەم-قايغۇغا چۆمۈپ ئولتۇردۇم.
5كەچلىك قۇربانلىق ۋاقتىدا مەن ئۆزۈمنى تۆۋەن قىلغان ھالەتتىن
تۇرۇپ، كۆڭلەك ۋە تونۇم يىرتىق ھالدا خۇدايىم پەرۋەردىگارغا
يۈزلىنىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىمنى يېيىپ، 6دۇئا قىلىپ:
— «ئاھ خۇدايىم، شەرمەندىلىكتە يۈزۈمنى ساڭا قارىتىشتىن ئىزا
تارتماقتىمەن، ئى خۇدايىم؛ چۈنكى قەبىھلىكلىرىمىز تولىلىقىدىن
باشلىرىمىزدىن ئاشتى، ئاسىيلىق-ئىتائەتسىزلىكىمىز ئاسمانلارغا
تاقاشتى. 7ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپ بۈگۈنگە
قەدەر زور ئىتائەتسىزلىكتە يۈرۈپ كەلدۇق، شۇڭا قەبىھلىكلىرىمىز
تۈپەيلىدىن بىز، بىزنىڭ پادىشاھلىرىمىز ۋە كاھىنلىرىمىز خۇددى
بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ھەرقايسى يۇرتلاردىكى پادىشاھلارنىڭ
قولىغا چۈشۈپ، قىلىچقا، سۈرگۈنلۈككە، بۇلاڭ-تالاڭغا، نومۇسقا
تاپشۇرۇلدۇق.
8ئەمدى ھازىر ئازغىنە ۋاقىت خۇدايىمىز كۆزلىرىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ،
قۇللۇقىمىزدا بىزگە ئازغىنا ئارام بېرىلسۇن دەپ، قېچىپ قۇتۇلغان بىر
قالدىنى ساقلاپ قېلىپ، بىزگە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جايىدىن خۇددى
قاققان قوزۇقتەك مۇقىم ئورۇن بېرىپ، بىزگە خۇدايىمىز پەرۋەردىگاردىن
ئىلتىپات كۆرسىتىلدى. 9چۈنكى بىز ھازىر قۇللارمىز؛ ھالبۇكى،
خۇدايىمىز مۇشۇ قۇللۇقىمىزدا يەنىلا بىزنى تاشلىۋەتمەي، بەلكى
پارس پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىدا رەھىمگە ئېرىشتۈرۈپ، خۇدايىمىزنىڭ

6:9 زەب. 4:38
7:9 **«نومۇسقا تاپشۇرۇلدۇق»** — ئىبرانيي تىلدا «يۈزى چۈشكەنلىكىگە تاپشۇرۇلدۇق».
8:9 **«بىزگە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جايىدىن خۇددى قاققان قوزۇقتەك مۇقىم ئورۇن بېرىپ،...»** — «يەش.» 22:20-24نى كۆرۈڭ.

ئۆيىنى سېلىپ، خارابىلەشكەن جايلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئوڭلاشقا بىزنى روھلاندۇردى، شۇنداقلا بىزنى يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېمدا سېپىللىق قىلدى.[9] 10-11 ئى خۇدا، بىز بۇ ئىلتىپاتلار ئالدىدا يەنە نېمە دېيەلەيمىز؟ چۈنكى بىز يەنىلا سېنىڭ مۆمىن بەندىلىرىڭ بولغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق تاپىلىغان ئەمرلىرىڭنى تاشلىۋەتتۇق؛ سەن ئۇلار ئارقىلىق: «سىلەر كىرىپ مىراس قىلىپ ئىگىلەيدىغان زېمىن بولسا، شۇ زېمىندىكى تائىپىلەرنىڭ نىجىسلىقى بىلەن بۇلغانغان بىر زېمىن؛ چۈنكى ئۇلار تۈرلۈك ناپاكلىقلارنى قىلىپ، يىرگىنچلىك ئادەتلىرى بىلەن بۇ زېمىننى بۇ چەتتىن ئۇ چېتىغىچە تولدۇرۇۋەتتى. 12 شۇڭا سىلەر قىزلىرىڭلارنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا بەرمەڭلار، ئوغۇللىرىڭلارغا ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ بەرمەڭلار؛ سىلەر كۈچىيىپ، زېمىننىڭ نازۇ-نېمەتلىرىدىن يېيىشكە، زېمىننى ئەبەدىلئەبەد ئەۋلادلىرىڭلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇلارنىڭ ئامان-تىنچلىقى ياكى مەنپەئىتىنى ھەرگىز ئىزدىمەڭلار» ــ دېگەنىدىڭ. 13 بىزنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىمىز ۋە ناھايىتى ئېغىر ئىتائەتسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن بۇ ھەممە بالا-قازا بېشىمىزغا كەلگەنىدى ۋە سەن، ئى خۇدايىمىز، قەبىھلىكلىرىمىزگە تېگىشلىك بولغان جازايىمىزنى يېنىكلىتىپ، بىزگە بۇگۈنكىدەك نىجاتلىق ئىلتىپاتىنى كۆرسەتكەن تۇرۇقلۇق،[13] 14 بىز قانداقمۇ يەنە ئەمرلىرىڭگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇنداق يىرگىنچلىك قائىدىلەرنى تۇتقان بۇ تائىپىلەر بىلەن نىكاھلىنىشۈپرىمىز؟ مۇبادا شۇنداق قىلىدىغان بولساق، سەن بىزگە غەزەپلىنىپ، بىزگە بىر قالدى ياكى قۇتۇلغۇدەك

9:9 «...بىزنى يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېمدا سېپىللىق قىلدى» ــ «سېپىللىق» مۇشۇ يەردە ئاساسەن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. چۈنكى يېرۇسالېمدىكى سېپىل مۇشۇ ۋاقىتتا تېخى قۇرۇلمىغانىدى («نەھ.» 1-بابنى كۆرۈڭ).

10:9-11 لاۋ. 18:25، 27؛ قان. 3:7.

13:9 «بىزگە بۇگۈنكىدەك نىجات ئىلتىپاتىنى كۆرسەتكەن» ــ بۇ ئىبارىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىزگە بۇگۈنكىدەك قۇتۇلدۇرۇلغان قالدى قالدۇرغان».

بىرسىنىمۇ قالدۇرماي يوقاتماي قالامسەن؟ 15 ئى ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار، سەن ھەققانىيدۇرسەن! شۇ سەۋەبتىن
بىز بۈگۈنكىدەك قۇتۇلۇپ قالغان بىر قالدىمىز. قارا، بىز سېنىڭ
ئالدىڭدا ئىتائەتسىزلىكلىرىمىزدە تۇرۇۋاتىمىز، شۇڭا سېنىڭ
ئالدىڭدا ھېچقايسىمىز تىك تۇرالماي قالدۇق» ــ دېدىم.

## گۇناھنى تونۇپ، قىلغان دۇئانىڭ نەتىجىسى

10 1 ئەزرا دۇئا قىلىپ، گۇناھنى تونۇپ يىغلاپ خۇدانىڭ
ئۆيى ئالدىدا يىقىلىپ دۈم ياتقان چاغدا، ئىسرائىللاردىن
ناھايىتى چوڭ بىر جامائەت، ئەر-ئاياللار ۋە باللار ئۇنىڭ يېنىغا
كېلىپ يىغلىدى؛ كۆپچىلىكمۇ قاتتىق يىغلاپ كېتىشتى.
2 ئېلامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن، يەھىيەلنىڭ ئوغلى شېكانىيا ئەزراغا:
ــ بىز خۇدايىمىزغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ بۇ زېمىندىكى يات
تائىپىلەردىن خوتۇن ئاپتۇق. ھالبۇكى، ئىسرائىل ئۈچۈن يەنىلا ئۈمىد
بار؛ 3 بىز ئەمدى خۇدايىمىز بىلەن ئەھدىلىشەيلى، خوجامنىڭ ۋە
خۇدايىمىزنىڭ ئەمرلىرىدىن قورقۇپ تىترىگەنلەرنىڭ نەسىھىتىگە
ئاساسەن بۇ خوتۇنلارنى ۋە ئۇلاردىن تۆرەلگەن پەرزەنتلەرنى يولغا
سېلىپ قويايلى. ھەممە ئىش تەۋرات قانۇنى بويىچە قىلىنسۇن. 4 تۇر!
بۇ ئىش ساڭا باغلىقتۇر، بىز سېنى قوللايمىز؛ جۈرئەتلىك بولۇپ
ئىشنى ئادا قىلغىن، ــ دېدى.
5 شۇنىڭ بىلەن ئەزرا ئورنىدىن قوپۇپ، كاھىنلارنىڭ لاۋىيلارنىڭ ۋە
پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتىنىڭ باشلىقلىرىنى شۇ سۆز بويىچە ئىش
قىلىمىز، دەپ قەسەم ئىچىشكە ئۈندىدى، ئۇلار قەسەم ئىچتى.
6 ئاندىن ئەزرا خۇدانىڭ ئۆيى ئالدىدىن قوپۇپ ئەلياشىبنىڭ
ئوغلى يەھوھانانىنىڭ ئۆيىگە كىردى؛ ئۇ ئۇ يەرگە كەلگەندە غىزامۇ
يېمىدى، سۇمۇ ئىچمىدى، چۈنكى ئۇ سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ
كەلگەنلەرنىڭ ساداقەتسىزلىكى ئۈچۈن ئېچىناتتى. 7 شۇنىڭ بىلەن

**يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېمدا سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ
ھەممىسىگە جاكارلىنىپ، يېرۇسالېمغا يىغىلىشلار، [8]ئەمىرلەر
ۋە ئاقساقاللارنىڭ نەسىھىتى بويىچە، كىمكى ئۈچ كۈن ئىچىدە
يېتىپ كەلمىسە، ئۇنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ،
سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ جامائىتىدىنمۇ ئايرىلىدۇ، دەپ،
جاكارنامە چىقىرىلدى. [9]شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا ۋە بىنيامىندىكى
بارلىق ئەرلەر ئۈچ كۈنگىچە يېرۇسالېمغا يىغىلىپ بولدى. ئۇ
توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى ئىدى؛ بارلىق خەلق خۇدانىڭ
ئۆيىنىڭ ھويلىسىدىكى مەيدانغا كېلىپ ئولتۇردى، كۆپچىلىك بۇ
ئىشتىن قورقاچقا، شۇنىڭدەك قاتتىق ياغقان يامغۇر تۈپەيلىدىن،
تىترەپ كېتىشتى. [10]كاھىن ئەزرا ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلارغا: ــ سىلەر
خۇداغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ يات تائىپىلەرنىڭ قىزلىرىنى
خوتۇنلۇققا ئېلىپ ئىسرائىللارنىڭ ئىتائەتسىزلىكىنى ئاشۇردۇڭلار.
[11]ئەمدى سىلەر ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار
ئالدىدا گۇناھىڭلارنى تونۇپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى
قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى بۇ زېمىندىكى تائىپىلەردىن ۋە بۇ يات ئەللىك
خوتۇنلىرىڭلاردىن ئايرىپ ئۇچۇق قىلىڭلار، دېدى.
[12]پۈتۈن جامائەت يۇقىرى ئاۋازدا جاۋاپ بېرىپ: ــ ماقۇل، بىز ئۆزلىرىنىڭ
شۇ گەپلىرى بويىچە ئىش كۆرىمىز. [13]بىراق ئادەملەر بەك كۆپ، يەنە
كېلىپ يامغۇر پەسلى بولغاچقا تالادا تۇرالمايمىز؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ
دېگەن بىر-ئىككى كۈندە پۈتىدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى بىزدە بۇ ئىشتا
ئىتائەتسىزلىك قىلغانلار ناھايىتى كۆپتۇر! [14]خۇدانىڭ مۇشۇ ئىش
تۈپەيلى كەلگەن قاتتىق غەزىپىنىڭ بىزدىن كەتكۈچە، باشلىقلىرىمىز
پۈتكۈل جامائەتكە ۋەكىل بولۇپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرسۇن؛**

8:10 **«ئۇنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە «مۇسادىرە قىلىنىش» دېگەننىڭ مەنىسى «مۇتلەق خۇداغا ئاتىلىشى كېرەك» («لاۋ.» 28:27).

**8:10** لاۋ. 28:27

13:10 **«چۈنكى بىزدە بۇ ئىشتا ئىتائەتسىزلىك قىلغانلار ناھايىتى كۆپتۇر!»** ــ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «چۈنكى بىز بۇ ئىشتا بەك ئېغىر ئىتائەتسىزلىك قىلغانمىز».

بىرىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىمىزدە يات ئەللەردىن خوتۇن ئالغانلارمۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا شۇ شەھەرنىڭ ئاقساقال ۋە ھاكىملىرى بىلەن بىرلىكتە كېلىپ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلسۇن، ــ دېدى.
[15] بۇ ئىشقا پەقەت ئاساھەلنىڭ ئوغلى يوناتان بىلەن تىقۋاھنىڭ ئوغلى ياھزىيا قارشى چىقتى، مەشۇللام بىلەن لاۋىي شابېتاي ئۇلارنى قوللىدى. [16] شۇنىڭ بىلەن سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەر ئەنە شۇنداق قىلدى. كاھىن ئەزرا ۋە ئاتا جەمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى بولغانلار جەمەتى بويىچە بۇ ئىشقا ئايرىلدى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىملىرى بويىچە تىزىملاندى. ئۇلار ئونىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشتى. [17] ئۇلار يات ئەللىك خوتۇنلارنى ئالغان ئەرلەرنىڭ سورىقىنى بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى تۈگەتتى.

## يات ئەللەردىن خوتۇن ئالغانلارنىڭ تىزىملىكى

[18] كاھىنلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە يات ئەللىك خوتۇنلارنى ئالغانلاردىن مۇشۇلار چىقتى: ــ يوزاداكنىڭ ئوغلى يەشۇئانىڭ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن: ــ مائاسېياھ، ئەلىئېزەر، يارىب، گەدالىيا. [19] ئۇلار خوتۇنلىرىمىزنى يولغا سېلىپ قويىمىز دەپ قەسەم قىلىپ قول بېرىشتى ۋە گۇناھى ئۈچۈن ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى سۈپىتىدە قوي پادىسىدىن بىر قوچقارنى سۇندى. [20] ئىممەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھانانى بىلەن زەبادىيا؛ [21] ھارىمنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە مائاسېياھ، ئىلىياھ، شېمايا، يەھىيەل ۋە ئۇززىيا؛ [22] پاشخۇرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەليوئىناي، مائاسېياھ، ئىسمائىل، نەتانەل، يوزاباد ۋە ئەلاساھ.
[23] لاۋىيلار ئىچىدە يوزاباد، شىمەي، كېلايا («كېلىتا»مۇ دېيىلىدۇ)، پېتاھىيا، يەھۇدا بىلەن ئەلىئېزەر؛ [24] غەزەلكەشلەر ئىچىدە ئەلىياشىب؛ دەرۋازىۋەنلەر ئىچىدە شاللۇم، تەلەم، ئۇرى.

21:10 «ئېلىياھ» ــ بۇ ئىسىم ئەرەب تىلىدا، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدا «ئىلياس» دېيىلىدۇ.

[25] ئىسرائىللاردىن: ــ پاروشنىڭ ئەۋلادلىرىدىن رامىيا، يىززىيا،
مالكىيا، مىيامىن، ئەلئازار، مالكىيا، بىنايا؛ [26] ئېلامنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن ماتتانىيا، زەكەرىيا، يەھىيەل، ئابدى، يەرىموت
بىلەن ئېلىياھ؛ [27] زاتتۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەليويىناي، ئەلياشىب،
ماتتانىيا، يەرىموت، زاباد بىلەن ئازىزا؛ [28] بىباينىڭ ئەۋلادلىرىدىن
يەھوھانان، ھانانىيا، زابباي بىلەن ئاتلاي؛ [29] بانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن
مەشۇللام، ماللۇق، ئادايا، ياشۇب، شېئال بىلەن راموت؛ [30] پاھات-
موئابنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئادنا، جەلال، بىنايا، مائاسېياھ، ماتتانىيا،
بەزالەل، بىننۇئىي بىلەن ماناسسەھ؛ [31] ھارىمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن
ئەلىئېزەر، يىسشىيا، مالكىيا، شېمايا، شىمېئون، [32] بىنيامىن،
ماللۇق ۋە شەمارىيا؛ [33] خاشۇمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ماتتىناي،
ماتتاتاھ، زاباد، ئەلىفەلەت، يەرەماي، ماناسسەھ ۋە شىمەي؛ [34] بانىنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن ماداي، ئامرام، ئۇئەل، [35] بىنايا، بەدىيا، كېلۇھاي،
[36] ۋانىيا، مەرەموت، ئەلياشىب، [37] ماتتانىياھ، ماتتىناي، يائاسۇ،
[38] بانى، بىننۇئىي، شىمەي، [39] شەلەمىيا، ناتان، ئادايا، [40] ماكنادىباي،
شاشاي، شاراي، [41] ئازارەل، شەلەمىيا، شەمارىيا، [42] شاللۇم، ئامارىيا،
يۈسۈپ؛ [43] نېبونىڭ ئەۋلادلىرىدىن يەئىيەل، ماتتىتىياھ، زاباد، زېبىنا،
يادداي، يوئېل ۋە بىنايا. [44] بۇلارنىڭ ھەممىسى يات ئەللىك خوتۇنلارنى
ئالغانلار ئىدى، ۋە شۇنىڭدەك ئۇلاردىن بەزىلەرنىڭ خوتۇنلىرى
پەرزەنتمۇ كۆرگەنىدى.

---

29:10 **«راموت»** ــ ياكى «يەرەموت».

44:10 **«ۋە شۇنىڭدەك ئۇلاردىن بەزىلەرنىڭ خوتۇنلىرى پەرزەنتمۇ كۆرگەنىدى»** ــ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: ــ «... ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خوتۇنلىرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى يولغا سېلىۋەتتى». بۇ ئايەتنىڭ تېكىستتە كەمتۈكلۈك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

# قوشۇمچە سۆز

## «ئەزرا»نىڭ مۇئەللىپى زادى كىم؟ ـ تەۋراتتىكى «ئەزرا» ۋە «نەھەمىيا» دېگەن ئىككى كىتابنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئوخشاشلىق

«ئەزرا» ۋە «نەھەمىيا» دېگەن ھەر ئىككى كىتاب تۆت چوڭ بۆلەكتىن تەشكىل قىلىنغان؛ ھەر ئىككىلا كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنىڭ تېمىسى «قايتىش»، ئىككىنچى بۆلىكىنىڭ تېمىسى «قايتا قۇرۇلۇش»، ئۈچىنچى بۆلىكىنىڭ تېمىسى يەنە «قايتىش» (جىسمانىي ياكى روھىي قايتىش)، تۆتىنچى بۆلىكىنىڭ تېمىسى «ئىسلاھات». ئىككى كىتابنىڭ قۇرۇلمىسىدا، بۇلاردىن باشقا يەنە بىرنەچچە ئوخشاشلىق تەرەپلىرىمۇ بار (مۇشۇ يەردە ساھىپە چەكلىمىسى بىلەن تەپسىلىي توختالمىدۇق).

**ئومۇمىي سېلىشتۇرما: ـ**

| ئەزرا | نەھەمىيا |
|---|---|
| 1ـقايتىش (1ـ2ـباب)<br>(جىسمانىي قايتىش) | 3ـقايتىش (1ـ2ـباب)<br>(جىسمانىي قايتىش) |
| 1ـقايتا قۇرۇلۇش (3ـ6ـباب) | 2ـقايتا قۇرۇلۇش (3ـ7ـباب) |
| 2ـقايتىش (7ـ8ـباب)<br>(جىسمانىي قايتىش) | يېڭىلىنىش (8ـ10ـباب)<br>(روھىي قايتىش، قايتىدىن ئەھدە تۈزۈلۈش) |
| ئىسلاھات (9ـ10ـباب) | ئىسلاھات (11ـ13ـباب) |

شۇ سېلىشتۇرمىدىن ئىككى كىتابنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىدىكى ئوخشاشلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا كۆپ ئالىملار ئىككى كىتابنىڭ مۇئەللىپىنى بىر ئادەم دەپ قارايدۇ.

«ئەزرا» دېگەن كىتابنى يازغۇچى ئەزرانىڭ ئۆزىدۇر. بۇنىڭغا ئىسپات، 27:6-28دە ۋە كېيىنكى بابلاردا ئەزرا بىۋاستە ئۆزىنى تىلغا ئېلىپ، «مەن،... مەن، ... مەن...» دەپ بايان قىلىدۇ. كىتابنىڭ بابلىرىدىن يازغۇچىنىڭ ئىنچىكە ھەم ئەستايىدىل ئالىم ۋە تارىخشۇناس ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ «نەھەمىيا» ۋە «تارىخ-تەزكىرە»نى يازغۇچىلارنىڭ ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي ئۇسلۇبىغا بەك ماس كېلىدۇ. شۇڭا بىر قىسىم ئالىملار «نەھەمىيا» ۋە «تارىخ-تەزكىرە»نىڭ مۇئەللىپى ياكى مۇھەررىرى ئەزرا، دەپ قارايدۇ. بىز مۇشۇ پىكىرگە بەك مايىلمىز.

## نېمىشقا ئەزرانىڭ دەۋرىدە «مۇستەقىللىق ھەرىكىتى» بولمىغان؟ (مەسىھنىڭ كېلىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش)

يەھۇدىيلارنىڭ خۇداغا سادىق بولغان «قالدىسى»ى سۈرگۈنلۈكتىن قايتقاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە نازىل قىلىنغان كىتابلاردا، يەنى «ئەستەر»، «ھاگاي»، «زەكەرىيا»، «ئەزرا»، «نەھەمىيا» ۋە «مالاكى» دېگەن تەۋرات قىسىملىرىدا ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان بىر ئىش شۇكى، «مۇستەقىللىق» دېگەن مەسىلە بىر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. ئەزرا ئىسرائىل ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا ئۇلارنىڭ بېقىندى ئەل بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ ــ ئۇ: - «بىز ھازىر قۇللار» دەيدۇ (9:9). لېكىن شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىسرائىلنىڭ مۇستەقىل پادىشاھلىقىنىڭ قايتا بەرپا قىلىنىشى توغرۇلۇق ھېچقانداق تەلپى بولمىغان. قارىغاندا، خۇدا ئىسرائىلغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەيىنلىگەن يولباشچىلار ئۆزلىرىنىڭ بېقىندى ھالىتىنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلغان ئوخشايدۇ. نېمىشقا شۇنداق بولدى؟

خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يەھۇدىي خەلقى بىلەن باغلىغان ئەھدىسىنىڭ تولىمۇ روشەن بىر قىسمى شۇكى، ئۆز خەلقى ئۆزىگە ئىتائەتمەن بولسا ۋە بىر-بىرى بىلەن ھەققانىيلىق ھەم ئىناقلىق ئىچىدە ياشىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. مۇشۇ ئاجايىب، كۆپ تەرەپلىمىلىك بەخت-بەرىكەتلەر «لاۋىيلار» 26-بابتا ۋە «قانۇن شەرھى» 28-بابتا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار خۇداغا ۋە شۇنىڭدەك بىر-بىرىگە ساداقەتسىز بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ تەربىيىلىك جازالىرى تەدرىجىي ھالدا بېشىغا چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ ئىشلار ئۇستىدە

«پادىشاھلار»دىكى قوشۇمچە سۆز»نىمىز ۋە «ئىنجىل ـ كىرىش سۆز»نىمىزدە توختالدۇق. خۇدا ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىدىكى «جازا-تەربىيىنىڭ بەش باسقۇچى»نىڭ تەپسىلاتلىرى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگەن، «لاۋ.» 14:26-26 ۋە «قان.» 28-بابتا تېپىلىدۇ. بەش باسقۇچنى يەنە تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقىلى بولىدۇ. ئىتائەتسىزلىكى ئېغىرلاشقانسېرى جازا-تەربىيىمۇ ئېغىرلىشىپ بارىدۇ: ــ

## خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى ـ «خۇدانىڭ جازا-تەربىيىسىنىڭ بەش باسقۇچى»

(1) ۋابا-قىزىتمىنىڭ چۈشۈشى، دۈشمەنلەرنىڭ «ئىشىك ئالدىدا» تۇرۇشى، دۈشمەنلەر ئالدىدا ئاسانلا مەغلۇپ بولۇشى («لاۋ.» 14:26-17).

(2) يامغۇر ئاز، ھوسۇلنىڭ ناچار بولۇشى («لاۋ.» 18:26-20).

(3) ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا ۋە ماللارغا ھۇجۇم قىلىشى (بۇنىڭ كۆچمە مەنىسى بەلكىم دۆلەت ئىچىدىكى مۇقىمسىزلىق، تەرتىپسىزلىك ۋە قانۇنسىزلىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ) («لاۋ.» 21:26-24).

(4) شەھەرلەرنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى، قەھەتچىلىك، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەر ۋە ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئالدىدا بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە شۇلارنىڭ قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاستىدا ياشىشى («لاۋ.» 25:26-27).

(5) دۈشمەنلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشى، قايتىدىن شەھەرلەرنى قورشىۋېلىشى، شەھەرلەر ۋە يەر-زېمىنىنىڭ ۋەيران بولۇشى، سۈرگۈن بولۇشى، سۈرگۈن بولغىنىدا ۋەھىمە ئاستىدا ياشىشى («لاۋ.» 27:26-39).

«باتۇر ھاكىملار»، «سامۇئىل»، «پادىشاھلار» ۋە «تارىخ-تەزكىرە»»نى ئوقۇغانلارغا روشەنكى، ئىسرائىل بۇ بەش باسقۇچنىڭ ھەممىسىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن (بەزى باسقۇچلارنى بىرنەچچە قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزگەن). ئىسرائىلنىڭ توۋا قىلىشى بىلەن ئىسلاھات بولغان ۋاقىتلاردا خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلىدىكى بەخت-بەرىكەتلىككە كەلتۈرگىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ ھالبۇكى، ئومۇمەن ئۇلار روھىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپلەردە بارغانسېرى سۇسلىشىپ چۈشكۈنلەشكەنىدى. راست، ئەزرانىڭ دەۋرىدە خۇدا ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى تەربىيىلىك جازاسىدىن، يەنى سۈرگۈنلۈكتىن

چىقىرغانىدى. لېكىن دانىيال پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان دۇئالىرىدىن («دانىيال» 9-باب) ۋە يەشايا ھەم ئەزاكىيال پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىدىن قارىغاندا «سۈرگۈنلۈكتىن قايتىش»نىڭ سەۋەبى ئەمەلىيەتتە ئىسرائىل خەلقىنىڭ بىرلىكتە توۋا قىلىشىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ شاپائىتىدىن بولغان، خالاس. ئەمەلىيەتتە ئىسرائىل ھەتتا سۈرگۈن بولغاندىن كېيىنمۇ بىر خەلق سۈپىتىدە گۇناھلىرىدىن تېخىچە توۋا قىلمىغانىدى. بۇ ئىش ھەزرىتى ئەزرانىڭ («ئەزرا» 9-بابتا خاتىرىلەنگەن) ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان دۇئاسىدىن ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بىز يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ بۇ قىسمىنى ئوقۇيلى: —

«ئاھ خۇدايىم، شەرمەندىلىكتە يۈزۈمنى ساڭا قارىتىشتىن ئىزا تارتماقتىمەن، ئى خۇدايىم؛ چۈنكى قەبىھلىكلىرىمىز تولىلىقىدىن باشلىرىمىزدىن ئاشتى، ئاسىيلىق-ئىتائەتسىزلىكىمىز ئاسمانلارغا تاقاشتى. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر زور ئىتائەتسىزلىكتە يۈرۈپ كەلدۇق، شۇڭا قەبىھلىكلىرىمىز تۈپەيلىدىن بىز، بىزنىڭ پادىشاھلىرىمىز ۋە كاھىنلىرىمىز خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ھەرقايسى يۇرتلاردىكى پادىشاھلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، قىلىچقا، سۈرگۈنلۈككە، بۇلاڭ-تالاڭغا، نومۇسقا تاپشۇرۇلدۇق.

ئەمدى ھازىر ئازغىنە ۋاقىت خۇدايىمىز كۆزلىرىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ، قۇللۇقىمىزدا بىزگە ئازغىنا ئارام بېرىلسۇن دەپ، قېچىپ قۇتۇلغان بىر قالدىنى ساقلاپ قېلىپ، بىزگە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جايىدىن خۇددى قاققان قوزۇقتەك مۇقىم ئورۇن بېرىپ، بىزگە خۇدايىمىز پەرۋەردىگاردىن ئىلتىپات كۆرسىتىلدى. چۈنكى بىز ھازىر قۇللارمىز؛ ھالبۇكى، خۇدايىمىز مۇشۇ قۇللۇقىمىزدا يەنىلا بىزنى تاشلىۋەتمەي، بەلكى پارس پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا رەھىمگە ئېرىشتۈرۈپ، خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىنى سېلىپ، خارابىلەشكەن جايلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئوڭلاشقا بىزنى روھلاندۇردى، شۇنداقلا بىزنى يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېمدا سېپىللىق قىلدى» (9:6-9).

بۇ سۆزلەردىن ئىسرائىلنىڭ روھىي ھالىتى ھەرقانداق ئىشتىن ئېنىق تۇرمامدۇ؟ ئەزرا، شۇنداقلا خۇدانىڭ شۇ دەۋردىكى ئادەملىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەممىسى:

# تەۋرات دەۋرىنىڭ تارىخىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە




تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر -- ئۇلارنىڭ دەۋرلىرى
1. سۈرگۈن بولۇشتىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر
2. سۈرگۈن بولۇش مەزگىلىدىكى پەيغەمبەرلەر
3. سۈرگۈن بولغاندىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەر

## تەۋرات دەۋرىدە ئىسرائىلدا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر

1. (a) ئىبراھىم، ساراھ ۋە تەراھ قانائان زېمىنىغا بارماقچى بولۇپ، ئۇر شەھىرىدىن چىقىدۇ.

(b) ئۇلار ھاران شەھىرىدە توختاپ قالىدۇ.

2. ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلى ـ ئىسھاق (ساراھتىن) ۋە ئىسمائىل (ھاجەردىن) تۆرىلىدۇ. ئىسھاقتىن ياقۇپ ۋە ئەساۋ (رىۋكاھدىن) تۆرىلىدۇ. ياقۇپتىن ئون ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۆرىلىدۇ.

3. يۈسۈپ قۇللۇققا سېتىلىپ مىسىرغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ پىرەۋننىڭ قول ئاستىدا مىسىرغا ۋەزىر بولىدۇ. ياقۇپ ۋە ئوغۇللىرى قەھەتچىلىكتە ئوزۇق ئىزدەپ مىسىرغا چۈشىدۇ. يۈسۈپ ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ گوشەن زېمىنىغا ئولتۇراقلاشتۇرىدۇ («يارىتىلىش» مۇشۇ يەردە توختايدۇ).

4. ئىسرائىللار مىسىردا قۇللۇققا چۈشىدۇ. 400 يىلدىن كېيىن، مۇسا پەيغەمبەر ئۇلارنى مىسىردىن يېتەكلەپ چىقىدۇ («مىسىردىن چىقىش»). مۇسا پەيغەمبەرگە سىناي تېغىدا «مۇقەددەس قانۇن» ۋەھىي قىلىنىدۇ. («مىسىردىن چىقىش»، «لاۋىيلار»).

5. 12 پايلاقچى قانائان زېمىنىنى چارلايدۇ. ئەمما ئىسرائىللار ئىشەنمەسلىكتىن زېمىنغا تېگەلمەيدۇ، چۆل-باياۋاندا 40 يىل كېزىپ يۈرىدۇ («چۆل-باياۋاندىكى سەپەر»)

6. ئىسرائىللار ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈشتىن ئاۋۋال مۇسا پەيغەمبەر ئەھدىنى ئىككىنچى قېتىم ئۇلارغا شەرھلەيدۇ («قانۇن شەرھى»)

7. يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئىسرائىللار قانائان زېمىنىغا كىرىدۇ، ئۇنى ئىگىلەيدۇ. يەشۇئا ئۇلارغا زېمىننى تەقسىم قىلىدۇ. يېغىلىق-مالىمانچىلىق دەۋرى — «باتۇر ھاكىملار»

ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. پادىشاھلىق دەۋرى — سائۇل، داۋۇت، سۇلايمان. پادىشاھلىق بۆلۈنىدۇ — جەنۇبتا «يەھۇدا»، شىمالدا «ئىسرائىل»

8. شىمالىي پادىشاھلىق («ئىسرائىل») ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىدۇ. سۈرگۈن بولغانلارنىڭ كۆپ قىسمى قايتىپ كېلەلمەيدۇ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 721-يىل)

9. (150 يىلدىن كېيىن) جەنۇبىي پادىشاھلىق («يەھۇدا») بابىل ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىدۇ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 586-يىل)

10. 70 يىل سۈرگۈن بولغاندىن كېيىن، ئىسرائىللارنىڭ سادىق بىر قىسمى ئەزرا ۋە نەھەمىيانىڭ يېتەكچىلىكىدە قانائان زېمىنىغا قايتىدۇ

11. خۇدانىڭ خەلقى پادىشاھسىز ھالدا قانائان زېمىنىدا تۇرىدۇ. تەۋراتنىڭ ئاخىرقى قىسمى. («مالاكى پەيغەمبەر») مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 400-يىلى ئەتراپىدا يېزىلىدۇ.

ئىسرائىللار ئاۋۋال گرېك، ئاندىن رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ئادەملەر خۇدا ئەۋەتىدىغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۈتىدۇ.

ئىسرائىل ئىچىدە، ھەتتا سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ، پەلەستىندىكى جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىدايدىغان خەلقلەر ئىچىدە تۈپتىن توۋا قىلىش تېخى بولمىغانىدى، دېمەكتە. شۇڭا ئۇلاردا خۇدا بىزنى مۇستەقىل بىر پادىشاھلىققا ئايلاندۇرىدۇ، دەيدىغان ئوي بولسا، بۇ بىر خام خىيال بولاتتى. پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز ئەھدىسىگە بويسۇنغانلارغا ۋەدە قىلغان «باشقا ئەللەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، تولىمۇ گۈللەنگەن، «قۇيرۇق ئەمەس، باش بولغان» بىر پادىشاھلىق («قان.» 28:6-13) تېخىمۇ يىراقتا ئىدى. شۇ ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق مۇستەقىل دۆلەتنى قايتىدىن بەرپا قىلىشقا ئىنتىلىش نادانلىق بولاتتى. بۇنىڭ ئورنىغا، خۇدانىڭ شاپائىتى بىلەن ئازراق بىر «قالدى»نىڭ خۇدا ۋەدە قىلغان زېمىنى ئۈستىدە ياشاشقا قايتىپ كەلگەنلىكى، شۇنداقلا شۇ «قالدى»نىڭ ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ ئۆزلىرىنى ئىدارە قىلىشقا قويغان پادىشاھلارنىڭ ئىلتىپاتىدىن مۇيەسسەر قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن تەشەككۈر ئېيتىشىغا توغرا كېلەتتى. «ھەققانىيەت ھەرقايسى ئەلنى يۇقىرى كۆتۈرەر» دەيدۇ سۇلايمان («پەند.» 14:34)، لېكىن ھېچقانداق تۈپ ھەققانىيلىق بولمىسا «كۆتۈرۈلۈش» دېگەننىڭ ئۈمىدىمۇ يوق بولىدۇ (ئەزرانىڭ شۇ دۇئاسى ۋە «نەھ.» 9:33-36دە خاتىرىلەنگەن، ھەزرىتى نەھەمىيانىڭ دۇئاسى ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا قىلىنغان، شۇ دۇئانىمۇ كۆرۈڭ).

شۈبھىسىزكى، شۇ دەۋرلەردە خۇدادىن قورققان ئىسرائىللاردا باشقىچە بىر ئۈمىد پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار خۇدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق بەرگەن بېشارەتلىك ۋەدىلىرىدىن، پەقەت قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ دۇنياغا كەلگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ كۈچلۈك خىزمەتلىرى بىلەن ئىسرائىلنى ئۆز گۇناھلىرىدىن پاكلىشى مۇمكىن بولاتتى، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن («لۇقا» 21:24). ئەگەر ئۇلاردا شۇنداق پاكلىق بولسا، دېمەك ئىسرائىل قەتئىيلىك بىلەن توۋا قىلغان بولسا، خۇدانىڭ ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كېرەك بولغان شارائىتلار مۇمكىن بولاتتى. مەسىھ ئۆزى ئىشلىمىسە ئىسرائىل ئۆز گۇناھىنىڭ ئاسارەتلىرى ئىچىدە قالاتتى. شۇ يول بىلەن «قالدى»دىكىلەر گۇناھنىڭ قانچىلىك يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاسارىتىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ روھىي ئازادلىققا بولغان تەشنا ۋە تەلمۈرۈپ كۈتكەن ئۈمىدلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە ھاسىل بولۇشى بىلەن، مەسىھنىڭ كېلىش يولى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھازىر بولماقتا

ئىدى. خۇدا شۇ كىشىلەرنى «مېنىڭ ئۆزۈمگە قالدۇرغان قالدىم» («يەش.» 21:10، 22) دەپ ئاتاشقا لايىق كۆرگەن ۋە ئۇلاردىن سۆيۈنگەنىدى؛ مانا، شۇ دەۋرلەردە ئۇنىڭ ئالاھىدە تىلسىمات قىلىشى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە دەل مۇشۇنداق ئۈمىد-تەشنالارنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بىز باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، ئەيسا مەسىھ دۇنياغا كەلگۈچە بولغان بارلىق تارىخ، مەيلى ئىسرائىلنىڭ ياكى باشقا ئەللەرنىڭ تارىخى بولسۇن، بۇ پەقەت خۇدانىڭ ئۇنىڭ كېلىشى ئۈچۈن بولغان تەييارلىقى، خالاس، دېگىلى بولىدۇ.

خۇدانىڭ «ۋاقىت-سائىتى تولۇق توشقاندا، خۇدا ئۆز ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى. ئۇ بىر ئايال كىشىدىن تۇغۇلغان، شۇنىڭدەك تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇغۇلغانىدى» («گال.» 4:4).

«ۋاقىت-سائىتى تولۇق توشۇش» جەريانىدا، يەنى بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئىشلار مەسىھنىڭ كېلىشى ئۈچۈن تەييارلىنىشتا مۇشۇ «قالدى» ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىل ئىدى. ئۇلار بىرىنچى بولۇپ مەسىھنى تونۇدى، ئۇنىڭ كېلىشىنى قارشى ئالدى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا بىرىنچى ئەگەشكەن مۇخلىسلاردىن بولدى. «لۇقا» 1:16-17دە بېرىلگەن بېشارەت بويىچە يەھيا پەيغەمبەرنىڭ دەل مۇشۇنداق «مەسىھنىڭ كېلىشى ئۈچۈن خەلقلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى تەييارلاش» خىزمىتى بولاتتى.

ئەگەردە «قالدى»دىكىلەر كۆپ بۇتپەرەس ئەللەر بىلەن ئارىلىشىپ ياكى ئاسسىملىياتسىيە قىلىنىپ، روھىي كۈرەش سېزىمى تورلىشىپ، ھەققانىيلىققا ۋە ديانەتلىككە بولغان ۋىجدانى سۇسلىنىپ، كۆڭلىدىكى ئۈمىد يوقاي دېگەن بولسا، ئۇنداقتا مەسىھ ئاۋۋال كىملەرگە كېلەتتى؟

شۇڭا ھەزرىتى ئەزرا «خەلقنىڭ قالدىسى»نى بۇلغىغۇچى تەسىرلەردىن ئايرىشقا، كۆڭۈللىرىنى ئويغىتىشقا خۇدانىڭ قورالى بولغان. ئۇ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئادىمى ئىدى، پەقەت ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈنمۇ يىغلىغانىدى (1:10). تەۋرات («كونا ئەھدە») دەۋرى توغرۇلۇق دائىم كۆرسەتكىنىمىزدەك، خۇدانىڭ شۇ ۋاقىتلاردا ئۆز خەلقىدىن تەلەپ قىلغان پاك-مۇقەددەسلىك بولسا سىرتقى بىر خىل پاك-مۇقەددەسلىك ئىدى. ئىچكى پاك-مۇقەددەسلىك بولسا پەقەت مەسىھنىڭ ئۆلۈمى، شۇنداقلا مۇقەددەس روھنىڭ كېلىشى بىلەن ئاندىن مەۋجۇت بولاتتى. «يېڭى ئەھدە» ئاستىدا بولغان بولسا، ئەزرانىڭ ئىسرائىللارنىڭ

كۆڭۈللىرىنى پاسكىنىچىلىكتىن ئايرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن «ئۆزلىرىنىڭ يات ئەللىك ئاياللىرىنى قويۇۋېتىشلار» دېگەن تەلەپنى (10-باب)نىڭ ھاجىتى بولمايتتى («مات.» 31:5، 32). ھالبۇكى: (1) ئىنجىلنىڭ نىكاھ توغرۇلۇق بىرىنچى تەلىپى بولغان ئېتىقادسىزلار بىلەن بىرلەشمەسلىكىمىز ياكى نىكاھلانماسلىقىمىز كېرەك، دېگەن تەلىم ئېنىق بېرىلگەن («2كور.» 14:6). بىراق: (2) ئەگەر شۇنداق گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسىڭىز، مەيلى قانچىلىك قىيىنچىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇدانىڭ سىزگە قويغان بۇرچى شۇكى، شۇ ئېتىقادسىز جۆرەڭ بىلەن تۇرۇپ ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭدىن ئايرىماسلىقىڭىزدىن ئىبارەتتۇر. پەقەت ئېتىقادسىز جۆرەڭ ئۆزلۈكىدىن سىزدىن كەتكۈسى بار بولسا، ئۇنى قويۇپ بېرىشىڭىز كېرەك («1كور.» 7:13-20).

## تەۋرات 16-قىسىم

# «نەھەمىيا»

## كىرىش سۆز

### ئارقا كۆرۈنۈشى

مەزكۇر كىتاب «ئەزرا» دېگەن كىتاب بىلەن ئوخشاش دەۋرگە باغلانغان بولۇپ، «ئەزرا»دىكى «كىرىش سۆز» مۇشۇ كىتابقا كىرىش سۆز بولالايدۇ. «ئەزرا»نىڭ كىرىش سۆزىدە دېيىلگىنىگە ئوخشاش، تەۋراتنىڭ «نەھەمىيا» دېگەن قىسمىمۇ قىسقا بىر مەزگىللىك تارىخ توغرۇلۇق يېزىلغان. بۇ ۋاقىت تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 445-430 يىللار ئىدى؛ سۈرگۈنلۈككە ئېلىپ كېتىلگەن ئىسرائىللارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرنەچچە مىڭى بابىلدىكى بىرقەدەر راھەتلىك تۇرمۇشنى تاشلاپ، پەلەستىندە جاپا-مۇشەققەتلىك يېڭى تۇرمۇشنى باشلاشقا يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئاز دېگەندىمۇ ئىككى مىليون يەھۇدىي خەلقى بابىل ۋە پارستا قالغىنى بىلەن، قايتقانلارنىڭ سانى ئاز ئىدى. «قايتىش»لار ئۈچ قېتىم بولغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك: —

1-قايتىش: — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 537-يىلى، زەرۇببابەل يېتەكلىگەن، تەخمىنەن 50000 ئادەم

2-قايتىش: — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 458-يىلى، ئەزرا يېتەكلىگەن، تەخمىنەن 1800 ئادەم

3-قايتىش: — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 445-444-يىلى، نەھەمىيا يېتەكلىگەن؛ پەقەت بىرنەچچە ھۆنەرۋەنلەرلا ئىدى.

«نەھەمىيا» دېگەن كىتاب ئۈچىنچى «قايتىش» جەريانى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىسى بولغان نەھەمىيا توغرۇلۇق خاتىرىدۇر. كىتابتا يەنە ئىلگىرىكى «قايتىش»لار توغرۇلۇق بىرنەچچە تەپسىلاتلار تىلغا ئېلىنىدۇ.

نەھەمىيا ئۆز كىتابىنىڭ بېشىدا (11:1) بىزگە «مەن پادىشاھنىڭ ساقىيسى ئىدىم» دەيدۇ. ئىمپېراتور (پادىشاھ) ئارتاخشاشتا (ياكى «ئارتاكسەركسىس») بولسا، ئەستەر خانىشنىڭ ئۆگەي ئوغلى ئىدى ۋە شۈبھىسىزكى، ئۇ شۇ ئىخلاسمەن ۋە ئۇلۇغ ئۆگەي ئانىسىدىن تەسىرلەنگەنىدى (ئەستەر ئارتاخشاشتانىڭ ئاتىسى كسەركسىسنىڭ كېيىنكى خانىشى ئىدى). نەھەمىيا ئەستەرنىڭ تەسىرى بىلەن شۇ ياخشى خىزمەتنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، «ساقىي»نىڭ خىزمىتى پەقەت پادىشاھقا شاراب تۇتۇپ بېرىپلا قالماي، بەلكى شۇ شاراب زەھەرلەنمىگەنلىكىنى تەستىقلاش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنى تېتىپ بېقىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق مەسئۇلىيەت بىلەن ھەركۈننىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىدا پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرۇشى كېرەك ئىدى؛ شۇڭا ساقىيلار قابىلىيەتلىك ئادەم بولسا، دائىم پادىشاھلارنىڭ مۇھىم مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالاتتى. ئارتاخشاشتا ئىنتايىن باي پادىشاھ بولۇپ، نەھەمىيامۇ پادىشاھنىڭ يېنىدا خىزمەتتە بولغاچقا، شۈبھىسىزكى ئۇمۇ باي بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

مەزكۇر كىتابتىن بىز نەھەمىيانىڭ ھەم خۇشخۇي ھەم دۇئاغا بېرىلگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى تېزلا بايقايمىز. نەھەمىيانىڭ كۆڭلى ئېغىرلاشقاندا پادىشاھ بۇ ھالىتىنى دەرھال بايقىدى (1:2). ئۇ شاد-خۇراملىقنىڭ مەنبەسى ۋە سىررىنى ئۇ بىزگە كېيىن ئايان قىلىدۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ شاد-خۇراملىقى سىلەرنىڭ كۈچ-كۈچلىرىڭلاردۇر» (10:8).

مۇشۇ قىممەتلىك قايغۇسىنىڭ سەۋەبى ئۆزىگە: «سۈرگۈنلۈكتىن قۇتۇلغان خەلقنىڭ قالدىسى يەھۇدىيە ئۆلكىسىدە قاتتىق جاپا-مۇشەققەت تارتتى، ئاھانەت ئىچىدە قالدى. يېرۇسالېمنىڭ سېپىلى بولسا ئۆرۈۋېتىلدى، قوۋۇقلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلدى» دەپ يەتكۈزۈلگەن خەۋەر ئىدى. شۇنى ئاڭلاپ ئۇ ئۆز خەلقى ئۈچۈن روزا تۇتۇپ دۇئا-تىلاۋەتلەرگە بېرىلدى.

بۇ دەۋردىكى تارىخلاردا (مەسىلەن، «ئەستەر»، «ئەزرا» ۋە «نەھەمىيا»دا) بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، كۆرۈنەرلىك مۆجىزىلەر (مەسىلەن، ئىسرائىل مىسىردىن

چىققاندا دېگىنىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇلۇڭگەندەك) يوق دېيەرلىك ئىدى. ھالبۇكى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىز روشەنكى، خۇدانىڭ داۋراڭسىز ئىش كۆرگەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۆز خەلقىنىڭ قەلبلىرىدە ھەم ھەتتا ئۆزىنى تونۇمايدىغانلارنىڭ قەلبلىرىدىمۇ ئۇنىسىز ھەم ئاجايىب ھالدا ئىشلەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئارتاخشاشتا پادىشاھ (بۇتپەرەسلىككە ئەگەشكەن پادىشاھ بولۇشى مۇمكىن ئىدى) نەھەمىيانىڭ قايغۇسىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن نەھەمىيادىن: «نېمە تەلىپىڭ بار» دەپ سورىغانلىقىغا ئىنتايىن ھەيران قالىمىز. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇ نەھەمىيانىڭ تەلىپىنى تولۇق ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئانا يۇرتىغا قايتىپ، ئاشلىغان شۇ كۆلپەتنى تۈگىتىشكە كېرەك بولغان مەبلەغ ۋە ھوقۇقنى بەردى. نەھەمىيا كېيىن ئۆزىنى «ۋالىي» دەپ كۆرسىتىدۇ؛ (65:7) شۇڭا روشەنكى، پادىشاھ ئەسلىدە ئۇنى شۇ مەنسەپكە بېكىتىپ قايتۇرغاندى. نەھەمىيانىڭ بىزگە شۇ خەۋەرنى بىۋاستە ئېيتمىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ كەمتەرلىكىنىڭ ئېنىق بىر ئىپادىسىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن شۇ ئىخلاسمەن ۋە مۇنەۋۋەر كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇش ئىشى باشلاندى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى ۋە ئەتراپىدىكى بۇتپەرەس ئەللەرنىڭ قەستلىشىگە قارىماي پەقەت 52 كۈن ئىچىدە تۈگىتىلدى. «سېپىللارنىڭ يېڭىۋاشتىن قۇرۇلۇشى»نىڭ مۇھىملىقى توغرۇلۇق بىز يەنە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

«نەھەمىيا» دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى «پەرۋەردىگارنىڭ تەسەللىسى»دۇر. نەھەمىيانىڭ ئۆز خەلقىگە بەرگەن تەسەللىسى سېپىل قۇرۇلۇشى بىلەن توختىغان ئەمەس. خۇددى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋالىي بولغان ئەزرادەك، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئارزۇسى شۇ ئىدىكى، خەلقىنىڭ خۇدا بىلەن يېقىن، دۇرۇس ئالاقىدە ياشىشى، مۇشۇ ئارقىلىق خەلقىنىڭ بەخت-بەرىكەتتىن مۇيەسسەر بولۇشى ھەم خۇدانىڭ شان-شەرىپى بۇ ئىشلاردا ئايان بولۇشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەزرانىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ خەلقنى بىر ئىبادەت سورۇنىغا يىغدۇردۇ ۋە تەۋرات مۇقەددەس قانۇنىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جامائەت ھەققىي ۋە چوڭقۇر تۇۋاغا كىرىشىدۇ (8-10-باب).

شۇنىڭ بىلەن نەھەمىيا خۇدانىڭ قورالى بولۇپ، يەھۇدىي خەلقىنى، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيانى پۈتكۈل تارىخنىڭ مەركىزى بولغان مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تەييار بولۇشقا بىر قەدەم يېقىنلاشتۇردى. شۇ ئىشتا ئۇ ئەزرادەك ئىدى (بۇ جەريان توغرۇلۇق بىز «ئەزرا»دىكى «كىرىش سۆز» ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز).

## «نەھەمىيا» دېگەن قىسمىنى كىم يازغان»؟

«ئەزرا»دىكى «كىرىش سۆز» ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختالغىنىمىزدەك، «ئەزرا» ۋە «نەھەمىيا»نىڭ مۇئەللىپى ئەزرانىڭ ئۆزى ئىدى. ھالبۇكى، «نەھەمىيا»نىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە نەھەمىيانىڭ دۇئالىرى ياكى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتلىرى ستىخىيىلىك ھالدا ئۇرغۇپ چىققان بولغاچقا، نەھەمىيا ئۆزى مەزكۇر كىتابنىڭ كۆپ قىسىملىرىنى يازغان، ئاندىن ئەزرا ئۇرىگىنالنى كۆرۈپ، تەھرىرلەپ مۇھەررىر رولىدا تۈزەتكەن، دەپ قارايمىز.

## مەزمۇن: –

1-2-باب: – سۇرگۇنلۇكتىن ئۇچىنچى «قايتىش»
قايغۇلۇق خەۋەر (1-باب)
مەخپىي چارلاپ تەكشۈرۈش (2-باب)
3-7-باب: – يېڭىۋاشتىن قۇرۇلۇش
مۇداپىئە قۇرۇش (3-باب)
جاپا-مۇشەققەتكە دۇچ كېلىش (4-6-باب)
سىرتقى قارشىلىق
ئىچكى زۇلۇم
«قايتقان» باتۇرلارنىڭ تىزىملىكى (7-باب)
8-10-باب: – يېڭىلىنىش، تۇۋا قىلىش
تەۋراتنىڭ ئېچىلىشى (8-باب)
گۇناھلارنى تونۇپ يېتىش (9-باب)
قەسەم ئېيتىش، قايتىدىن ئەھدىگە باغلىنىش (10-باب)
11-13-باب: – ئىسلاھات
يېرۇسالېمدا تۇرۇشقا ئۆزلىرىنى پىدا قىلغانلار (11-باب)
خەلق ئۆزلىرىنى، سېپىلنى خۇداغا ئاتاپ بېغىشلاش (12-باب)
روھىي تۈزىتىشلەر (13-باب)
(ئا) ناتوغرا نىكاھلار بىلەن بۇلغىنىش ــ ئىسلاھات
(ئە) ئىبادەت-ئۆيىنى قىلماسلىق – ئىسلاھات
(ب) شابات كۈنىنى بۇلغاش – ئىسلاھات
(پ) ۋەزىپىلەردىن ۋاز كېچىش – ئىسلاھات

# نەھەمىيا

## يېرۇسالېمنىڭ ئېچىنىشلىق، خارابلىق ھالىتى

1 [1]ھاقالىيانىڭ ئوغلى نەھەمىيا شۇنداق بايان قىلىدىكى: —
يىگىرمىنچى يىلى كىسلەۋ ئېيىدا، مەن شۇشان قەلئەسىدە
تۇراتتىم، [2]ئۆز قېرىنداشلىرىمدىن بىرى بولغان ھانانى بىلەن
بىرنەچچە كىشى يەھۇدىيەدىن چىقىپ كەلدى؛ مەن ئۇلاردىن
سۈرگۈنلۈكتىن قۇتۇلۇپ قالغان يەھۇدالار ۋە يېرۇسالېم توغرىسىدا
سورىدىم. [3]ئۇلار ماڭا: — سۈرگۈنلۈكتىن قۇتۇلغان خەلقنىڭ قالدىسى
يەھۇدىيە ئۆلكىسىدە قاتتىق جاپا-مۇشەققەت ئاستىدا ۋە ئاھانەت
ئىچىدە قالدى. يېرۇسالېمنىڭ سېپىلى بولسا ئۆرۈۋېتىلدى،
قوۋۇقلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، دەپ ئېيتىپ بەردى.

## نەھەمىيانىڭ يېرۇسالېم ئۈچۈن روزا تۇتۇپ دۇئا قىلىشى

[4]مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كەتتىم، بىرنەچچە
كۈنگىچە نالە-پەرياد كۆتۈرۈپ، ئاسمانلاردىكى خۇدا ئالدىدا روزا
تۇتۇپ، دۇئا قىلىپ [5]مۇنداق دېدىم: — «ئى ئاسماندىكى خۇدا
پەرۋەردىگار، ئۆزىنى سۆيۈپ، ئەمرلىرىنى تۇتقانلارغا ئۆزگەرمەس
مېھىر كۆرسىتىپ ئەھدىسىدە تۇرغۇچى ئۇلۇغ ۋە دەھشەتلىك تەڭرى،
[6]ئەمدى سېنىڭ ئالدىڭدا مۇشۇ پەيتتە قۇللىرىڭ ئىسرائىللار ئۈچۈن
پىقىر قۇلۇڭنىڭ كېچە-كۈندۈز قىلىۋاتقان بۇ دۇئاسىغا قۇلىقىڭ
سېلىنغاي، كۆزۈڭ ئوچۇق بولغاي! مەن بىز ئىسرائىللارنىڭ سېنىڭ
ئالدىڭدا سادىر قىلغان گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىمەن؛ مەنمۇ،

---

1:1 **«يىگىرمىنچى يىلى»** — پارس پادىشاھى ئارتاخشاشتانىڭ يىگىرمىنچى يىلىنى كۆرسىتىدۇ
(1:2نى كۆرۈڭ).

**5:1** مىس. 6:20؛ 7:34؛ چۆل. 18:14؛ قان. 10:5؛ زەب. 15:86؛ 8:103؛ 9-8:145؛ دان. 4:9

ئاتامنىڭ جەمەتىمۇ گۇناھ قىلدۇق! [7] بىز سېنىڭ يولۇڭغا تەتۈر ئىش
قىلىپ، سەن قۇلۇڭ مۇساغا تاپىلىغان ئەمرلىرىڭ، بەلگىلىمىلىرىڭ
ۋە ھۆكۈملىرىڭنى ھېچ تۇتمىدۇق. [8-9] سېنىڭ ئۆز قۇلۇڭ مۇساغا
تاپىلاپ: «ئەگەر سىلەر ۋاپاسىزلىق قىلساڭلار، سىلەرنى پۈتۈن
تائىپىلەرنىڭ ئارىسىغا تارقىتىۋېتىمەن؛ لېكىن ماڭا يېنىپ كېلىپ،
مېنىڭ ئەمرلىرىمنى تۇتۇپ ئەمەل قىلساڭلار، گەرچە ئاراڭلاردىن ھەتتا
ئاسمانلارنىڭ ئەڭ چېتىگە قوغلىۋېتىلگەنلەر بولسىمۇ، مەن ئۇلارنى
شۇ يەردىن يىغىپ، مېنىڭ نامىمنى تىكلەشكە تاللىغان جايغا
ئېلىپ كېلىمەن» دېگەن سۆزۈڭنى ياد قىلغايسەن، دەپ ئۆتۈنىمەن.
[10] بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قۇللىرىڭ ۋە سېنىڭ خەلقىڭ، ئۆزۈڭنىڭ
زور قۇدرىتىڭ ۋە كۈچلۈك قولۇڭ بىلەن ھۆرلۈككە قۇتقۇزدۇڭ. [11] ئى
رەببىم، قۇلۇڭنىڭ دۇئاسىغا ھەم سېنىڭ نامىڭدىن ئەيمىنىشتىن
سۆيۈنگەن قۇللىرىڭنىڭمۇ دۇئاسىنى قۇلىقىڭ تىڭشىغاي؛ بۈگۈن
قۇلۇڭنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق قىلغايسەن، ئۇنى شۇ كىشىنىڭ
ئالدىدا ئىلتىپاتقا ئېرىشتۈرگەيسەن».
شۇ ۋاقىتتا مەن پادىشاھنىڭ ساقىيسى ئىدىم.

## پادىشاھنىڭ نەھەمىيانىڭ يېرۇسالېمنى، جۇملىدىن سېپىلنى قايتا ئۇڭشاپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىشى

2 [1] ۋە شۇنداق بولدىكى، پادىشاھ ئارتاخشاشتانىڭ يىگىرمىنچى
يىلى نىسان ئېيى، پادىشاھنىڭ ئالدىغا شاراب كەلتۈرۈلگەندى؛
مەن شارابنى ئېلىپ پادىشاھقا سۇندۇم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن
پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھېچقاچان غەمكىن كۆرۈنگەن ئەمەس ئىدىم.
[2] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مېنىڭدىن: — بىرەر كېسەللىك بولمىسا،
چىرايىڭ نېمىشقا شۇنچە غەمكىن كۆرۈنىدۇ؟ كۆڭلۈڭدە چوقۇم بىر
دەرد بار، دېۋىدى، مەن ئىنتايىن قورقۇپ كەتتىم. [3] مەن پادىشاھقا:

**1:8-9** قان. 4:25، 26، 27؛ 30:2، 3، 4

— پادىشاھىم مەڭگۈ ياشىغايلا! ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ قەبرىلىرى
جايلاشقان شەھەر خارابىلىككە ئايلانغان، دەرۋازا-قوۋۇقلىرى
كۆيدۈرۈۋېتىلگەن تۇرسا، مەن قانداقمۇ غەمكىن كۆرۈنمەي؟ — دېدىم.
[4] پادىشاھ مېنىڭدىن: — سېنىڭ نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دەپ سورىۋىدى،
مەن ئاسماندىكى خۇداغا دۇئا قىلىپ، [5] ئاندىن پادىشاھقا: — ئەگەر
پادىشاھىمنىڭ كۆڭلىگە مۇۋاپىق كۆرۈنسە، قۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ
ئالدىدا ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بولسا، مېنى يەھۇدىيەگە ئەۋەتكەن
بولسىلا، ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ قەبرىلىرى جايلاشقان شەھەرگە بېرىپ،
ئۇنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقسام، دېدىم.
[6] پادىشاھ (شۇ چاغدا خانىش پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى) مەندىن:
— سەپىرىڭگە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ قاچان قايتىپ كېلىسەن؟
— دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مېنى ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق
كۆردى؛ مەنمۇ ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىدىغان بىر ۋاقىتنى بېكىتتىم.
[7] مەن يەنە پادىشاھتىن: — ئالىيلىرىغا مۇۋاپىق كۆرۈنسە، ماڭا ئەفرات
دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ۋالىيلارغا مېنى تاكى يەھۇدىيەگە بارغۇچە
ئۆتكىلى قويۇش توغرۇلۇق يارلىق خەتلىرىنى پۈتۈپ بەرگەن بولسىلا
؛ [8] ۋە يەنە پادىشاھلىق ئورمانلىقىغا قارايدىغان ئاسافقا مۇقەددەس
ئۆيگە تەۋە بولغان قەلئەنىڭ دەرۋازىلىرى، شۇنىڭدەك شەھەرنىڭ
سېپىلى ۋە ئۆزۈم تۇرىدىغان ئۆيگە كېتىدىغان لىملارنى ياساشقا
كېرەكلىك ياغاچلارنى ماڭا بېرىش توغرۇلۇقمۇ بىر يارلىقنى پۈتۈپ
بەرگەن بولسىلا، دېدىم. خۇدايىمنىڭ شەپقەتلىك قولى ئۈستۈمدە
بولغاچقا، پادىشاھ ئىلتىپات قىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بە
ردى. [9] شۇنىڭ بىلەن مەن دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ۋالىيلارنىڭ يېنىغا
بېرىپ پادىشاھنىڭ يارلىقلىرىنى تاپشۇردۇم. پادىشاھ يەنە بىرنەچچە

---

7:2 **«ئەفرات دەرياسىنىڭ ئۇ قېتى...»** — مەشكۇر كىتابتا مۇشۇ يەردىن باشلاپ «دەريا» «ئەفرات دەرياسى»نى كۆرسىتىدۇ. «ئۇ قېتى» — دەريانىڭ غەربىي تەرىپى. **«...مېنى تاكى يەھۇدىيەگە بارغۇچە ئۆتكىلى قويۇش»** — ياكى «...سەپىرىمدە مېنى ئالغا سۈرۈش»

**8:2** دان. 25:9

قوشۇن سەردارلىرى بىلەن ئاتلىق لەشكەرلەرنىمۇ ماڭا ھەمراھ
بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. [10] ھورونلۇق سانباللات بىلەن ئاممونىي
توبىيا دېگەن ئەمەلدار ئىسرائىللارنىڭ مەنپەئەتىنى ئىزدىگەن ئادەم
كەپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن نارازى بولدى.

## نەھەميانىڭ كېچىسى سېپىلنى چارلاشقا چىقىشى

[11] مەن يېرۇسالېمغا كېلىپ ئۈچ كۈن تۇردۇم. [12] ئاندىن كېچىسى مەن
ۋە ماڭا ھەمراھ بولغان بىرنەچچە ئادەم ئورنىمىزدىن تۇردۇق (مەن
خۇدايىمنىڭ كۆڭلۈمگە يېرۇسالېم ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىشنى
سالغانلىقى توغرىسىدا ھېچكىمگە بىرەر نېمە دېمىگەنىدىم). ئۆزۈم
مىنگەن ئۇلاغدىن باشقا ھېچقانداق ئۇلاغمۇ ئالماي، [13] كېچىسى «جىلغا
قوۋۇقى»دىن چىقىپ «ئەجدىھا بۇلىقى»غا قاراپ مېڭىپ، «تېزەك
قوۋۇقى»غا كېلىپ، يېرۇسالېمنىڭ بۇزۇۋېتىلگەن سېپىللىرىنى ۋە
كۆيدۈرۈۋېتىلگەن قوۋۇق-دەرۋازىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردۈم. [14] يەنە ئالدىغا
مېڭىپ «بۇلاق قوۋۇقى» بىلەن «شاھانە كۆل»گە كەلدىم؛ لېكىن شۇ
يەردە مەن مىنگەن ئۇلاغنىڭ ئۆتۈشىگە يول بەك تار كەلگەچكە،
[15] كېچىدە مەن جىلغا بىلەن چىقىپ سېپىلنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتىم.
ئاندىن يېنىپ «جىلغا قوۋۇقى»دىن شەھەرگە كىرىپ، ئۆيگە قايتتىم.
[16] ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ نەگە بارغانلىقىمنى ۋە نېمە
قىلغانلىقىمنى بىلمەي قېلىشتى، چۈنكى مەن يا يەھۇدىيلارغا،
كاھىنلارغا، يا ئەمىر-ھاكىملارغا ۋە ياكى باشقا خىزمەت
قىلىدىغانلارغا ھېچنېمە ئېيتمىغانىدىم.

## نەھەميانىڭ خەلقنى سېپىلنى قايتا سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى

[17] كېيىن مەن ئۇلارغا: ــ سىلەر بېشىمىزغا كەلگەن بالايىئاپەتنى،
يېرۇسالېمنىڭ خارابىگە ئايلانغانلىقىنى، سېپىل قوۋۇقلىرىنىڭ
كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆردۈڭلار؛ كېلىڭلار، ھەممىمىز ھاقارەتكە

10:2 **«توبىيا دېگەن ئەمەلدار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «توبىيا دېگەن قۇل».

قىلغۇرمەسلىكىمىز ئۈچۈن يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنى قايتىدىن ياساپ چىقايلى، ــ دېدىم. [18] مەن يەنە ئۇلارغا خۇدايىمنىڭ شەپقەتلىك قولىنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە بولغانلىقىنى ۋە پادىشاھنىڭ ماڭا قىلغان گەپلىرىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇلار: ــ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنى ياسايلى! ــ دېيىشىپ، بۇ ياخشى ئىشنى قىلىشقا ئۆز قوللىرىنى قۇۋۋەتلەندۈردى.

[19] لېكىن ھورونلۇق سانباللات، خىزمەتكار ئاموني توبىيا ھەم ئەرەب بولغان گەشەم بۇ ئىشنى ئاڭلاپ بىزنى زاڭلىق قىلىپ مەنسىتمەي: ــ سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار نېمە ئىش؟ سىلەر پادىشاھقا ئاسىيلىق قىلماقچىمۇسىلەر؟ ــ دېيىشتى.

[20] مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئاسمانلاردىكى خۇدا بولسا بىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇللىرى بولغان بىزلەر قوپۇپ قۇرىمىز. لېكىن سىلەرنىڭ يېرۇسالېمدا ھېچقانداق نېسىۋەڭلار، ھوقۇقۇڭلار ياكى يادنامەڭلار يوق، ــ دېدىم.

## سېپىلنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئوڭشاشقا بۇيرۇلۇشى

## كونا شەھەرنىڭ خەرىتىسى كۆرۈك

3 [1] شۇ چاغدا باش كاھىن ئەلياشىب ۋە ئۇنىڭ كاھىن قېرىنداشلىرى قوپۇپ «قوي قوۋۇقى»نى يېڭىۋاشتىن ياساپ چىقتى؛ ئۇلار قوۋۇقنىڭ قاناتلىرىنى ئورنىتىپ، ئۇنى خۇداغا ئاتاپ مۇقەددەس دەپ بېكىتتى؛ ئۇلار «يۈزنىڭ مۇنارى» بىلەن «ھانانىيەلنىڭ مۇنارى»غىچە بولغان ئارىلىقتىكى سېپىلنى ئوڭشاپ، ئۇنى مۇقەددەس دەپ بېكىتتى؛ [2] ئۇنىڭغا تۇتاش قىسمىنى يېرىخولۇقلار ياسىدى؛ يەنە

1:3 **«يۈزنىڭ مۇنارى»** ــ باشقا خىل تەرجىمىلەر: ــ «ھاممېئاھنىڭ مۇنارى» ياكى «مېئاھنىڭ مۇنارى». **«مۇقەددەس دەپ بېكىتتى»** ــ نېمىشقا شۇنداق بېكىتىدۇ؟ ئۇنىڭ «قوي قوۋۇقى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بەلكىم ئىبادەتخانىدا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىقلار (كۆپىنچىسى قويلار، ئەلۋەتتە) شۇ دەرۋازىدىن شەھەرگە ئېلىپ كىرىلەتتى. شۇڭا قۇربانلىقلارنىڭ كىرىش يولىنى «مۇقەددەس» دەپ بېكىتىش تولىمۇ مۇۋاپىق ئىدى ــ دېمەك، شۇ دەرۋازىدىن قۇربانلىقلاردىن باشقا ھېچقانداق نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىشكە بولمايتتى.

ئۇنىڭغا تۇتاش قىسمىنى ئىمرىنىڭ ئوغلى زاككۇر ياسىدى. 3 «بېلىق قوۋۇقى»نى سەنائاھنىڭ ئوغۇللىرى ياسىدى؛ ئۇلار ئۇنىڭ لىم-كېشەكلىرىنى سېلىپ، قاناتلىرى، تاقاقلىرى ۋە بالداقلىرىنى ئورناتتى. 4 ئۇنىڭغا تۇتاش قىسمىنى ھاكوزنىڭ نەۋرىسى، ئۇرىيانىڭ ئوغلى مەرەموت ياسىدى؛ ئۇنىڭغا تۇتاش قىسمىنى مەشەزابەلنىڭ نەۋرىسى، بەرەكىيانىڭ ئوغلى مەشۇللام ياسىدى. ئۇنىڭغا تۇتاش قىسمىنى بائاناھنىڭ ئوغلى زادوك ياسىدى. 5 ئۇنىڭغا تۇتاش قىسمىنى تەكوئالىقلار ياسىدى؛ لېكىن ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئۆز خوجىسىنىڭ ئىشىنى زىممىسىگە ئېلىشقا ئۇنىمىدى.

6 «كونا قوۋۇق»نى پاسىيانىڭ ئوغلى يەھويادا بىلەن بېسودىيانىڭ ئوغلى مەشۇللام ياسىدى؛ ئۇلار ئۇنىڭ لىم-كېشەكلىرىنى سېلىپ، قاناتلىرى، تاقاقلىرى ۋە بالداقلىرىنى ئورناتتى. 7 ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تۇتاش قىسمىنى گىبېئونلۇق مەلاتىيا، مېرونوتلۇق يادون ھەمدە دەريانىڭ بۇ غەربىي تەرىپىدىكى ۋالىيلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى گىبېئونلۇقلار بىلەن مىزپاھلىقلار ياسىدى. 8 ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تۇتاش قىسمىنى زەرگەرلەردىن بولغان خارھايانىڭ ئوغلى ئۇززىيەل ياسىدى. ئۇنىڭغا تۇتاش قىسمىنى خۇشبۇي بۇيۇم ياسايدىغان ئەتىرچىلەردىن ھانانىيا ياسىدى. ئۇلار يېرۇسالېم سېپىلىنى تاكى «قېلىن تام»غىچە ئوڭشاپ ياسىدى. 9 ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تۇتاش قىسمىنى يېرۇسالېمنىڭ يېرىمىنىڭ ھاكىمى بولغان خۇرنىڭ ئوغلى رېفايا ياسىدى. 10 ئۇلارنىڭ يېنىدا، خارۇمافنىڭ ئوغلى يەدايا ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىسمىنى ياسىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى

---

4:3 **«ھاكوزنىڭ...»** — ياكى «كوزنىڭ...».

6:3 **«پاسىيانىڭ ئوغلى يەھودا»** — ياكى «پاسىيانىڭ ئوغلى يويادا».

7:3 **«دەريا»** — ئەفرات دەرياسى. **«مەلاتىيا، مېرونوتلۇق يادون ھەمدە دەريانىڭ بۇ غەربىي تەرىپىدىكى ۋالىيلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى گىبېئونلۇقلار بىلەن مىزپاھلىقلار ياسىدى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەلاتىيا... ۋە يادون ياسىدى؛ بۇلار دەريانىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ۋالىيلار ئىدارە قىلىدىغان گىبېئونلۇقلار ۋە مىزپاھلىقلار ئىدى».

8:3 **«...ئوڭشاپ ياسىدى»** — ياكى «...سۇۋاپ چىقتى».

قىسمىنى خاشابنىيانىڭ ئوغلى ھاتتۇش ياسىدى. [11] ھارىمنىڭ
ئوغلى مالكىيا بىلەن پاھات-موئابنىڭ ئوغلى ھاششۇب سېپىلنىڭ
باشقا بىر بۆلىكى بىلەن «خۇمدانلار مۇنارى»نى ياسىدى. [12] ئۇلارنىڭ
يېنىدىكى تۇتاش قىسمىنى يېرۇسالېمنىڭ يېرىمىنىڭ ھاكىمى
خاللوھەشنىڭ ئوغلى شاللوم ئۆزى ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى ياسىدى.
[13] «جىلغا قوۋۇقى»نى ھانۇن بىلەن زانوئاھ شەھىرىنىڭ ئاھالىسى
ياسىدى. ئۇلار ئۇنى ياساپ، ئۇنىڭ قاناتلىرى، تاقاقلىرى ۋە
بالداقلىرىنى ئورناتتى ۋە يەنە «تېزەك قوۋۇقى»غىچە مىڭ گەز
سېپىلنىمۇ ياسىدى. [14] «تېزەك قوۋۇقى»نى بەيت-ھاككەرەم يۇرتىنىڭ
باشلىقى رەكابنىڭ ئوغلى مالكىيا ياسىدى؛ ئۇلار ئۇنى ياساپ، ئۇنىڭ
قاناتلىرى، تاقاقلىرى ۋە بالداقلىرىنى ئورناتتى.
[15] «بۇلاق قوۋۇقى»نى مىزپاھ يۇرتىنىڭ باشلىقى كول-ھوزەھنىڭ
ئوغلى شاللۇم ياسىدى. ئۇ ئۇنى ياساپ، ئۆگزىسىنى يېپىپ، ئۇنىڭ
قاناتلىرى، تاقاقلىرى ۋە بالداقلىرىنى ئورناتتى ۋە يەنە شاھانە
باغنىڭ يېنىدىكى سىلوئام كۆلىنىڭ سېپىلىنى «داۋۇتنىڭ
شەھىرى»دىن چۈشىدىغان پەلەمپەيگىچە يېڭىۋاشتىن ياسىدى.
[16] ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇتاش قىسمىنى داۋۇتنىڭ قەبرىلىرىنىڭ
ئۇدۇلىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۈنئىي كۆلگە ھەم ئۇنىڭ
كەينىدىكى «پالۋانلارنىڭ ئۆيى»گە قەدەر بەيت-زۇر يۇرتىنىڭ يېرىمىنىڭ
ھاكىمى، ئازبۇكنىڭ ئوغلى نەھەمىيا ياسىدى. [17] ئۇنىڭدىن كېيىنكى
تۇتاش قىسمىنى لاۋىيلار ــ يەنى بانىنىڭ ئوغلى رەھۇم ياسىدى، ئۇنىڭ
يېنىدىكى تۇتاش قىسمىنى كېئىلاھنىڭ يېرىم يۇرتىنىڭ ھاكىمى
ھاشابىيا ئۆز يۇرتىغا ۋاكالىتەن ياساپ چىقتى. [18] ئۇنىڭ يېنىدىكى
تۇتاش قىسمىنى ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ــ كېئىلاھنىڭ ئىككىنچى
يېرىمىنىڭ ھاكىمى، ھېنادادنىڭ ئوغلى باۋاي ياسىدى. [19] ئۇنىڭ

---

15:3 **«شاھانە باغنىڭ يېنىدىكى سىلوئام كۆلى»** ــ مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا «شاھانە باغنىڭ يېنىدىكى شېلاھ كۆلى» دېيىلىدۇ.

18:3 **«باۋاي»** ــ ياكى «بىننۇئىي».

يېنىدا، مىزپاھنىڭ ھاكىمى يەشۇئانىڭ ئوغلى ئېزەر قورال-ياراغ ئامبىرىغا چىقىش يولىنىڭ ئۇدۇلىدا، سېپىلنىڭ دوقمۇشىدىكى يەنە بىر بۆلىكىنى ياسىدى. [20] زاببايىنىڭ ئوغلى بارۇق ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر بۆلىكىنى، يەنى سېپىلنىڭ دوقمۇشىدىن تاكى باش كاھىن ئەلىياشىبنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىغىچە بولغان بۆلىكىنى كۆڭۈل قويۇپ ياسىدى. [21] ئۇنىڭ يېنىدا ھاكوزنىڭ نەۋرىسى، ئۇرىيانىڭ ئوغلى مەرەموت سېپىلنىڭ ئەلىياشىبنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن تاكى ئەلىياشىبنىڭ ھويلىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان يەنە بىر بۆلىكىنى ياسىدى.

[22] بۇلاردىن كېيىنكى بىر قىسمىنى ئىئوردان تۈزلەڭلىكىدىكىلەر، كاھىنلار ياسىدى. [23] بۇلارنىڭ يېنىدا، بىنيامىن بىلەن ھاشۇب ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۆلىكىنى ياسىدى. ئۇلاردىن كېيىن ئانانىيانىڭ نەۋرىسى، مائاسېياھنىڭ ئوغلى ئازارىيا ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىكى قىسمىنى ياسىدى. [24] ئۇنىڭ يېنىدا، ئازارىيانىڭ ئۆيىدىن سېپىلنىڭ بۇرۇلۇشىغا، تاكى دوقمۇشىغىچە بولغان يەنە بىر بۆلىكىنى ھېنادادنىڭ ئوغلى بىننۇئىي ياسىدى. [25] ئۇنىڭ يېنىدا، ئۇزاينىڭ ئوغلى پالال پادىشاھ ئوردىسىنىڭ دوقمۇشى، شۇنىڭدەك ئوردىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان، زىندان ھويلىسىنىڭ يېنىدىكى ئېگىز مۇنارنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۆلىكىنى ياسىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر بۆلىكىنى پاروشنىڭ ئوغلى پىدايا ياسىدى. [26] ئەمدى ئوفەلدە تۇرىدىغان ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى كۈنچىقىش تەرەپتىكى «سۇ قوۋۇقى»نىڭ ئۇدۇلىدىكى ۋە چوقچىيىپ تۇرغان مۇنارنىڭ ئۇدۇلىدىكى سېپىلنى ياسىدى. [27] چوقچىيىپ تۇرغان چوڭ مۇنارنىڭ ئۇدۇلىدا تەكوئالىقلار تاكى ئوفەل سېپىلىغىچە بولغان ئىككىنچى بىر بۆلىكىنى ياسىدى. [28] «ئات قوۋۇقى»نىڭ يۇقىرى بىر بۆلىكىنى كاھىنلار ياسىدى، ھەربىرى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىسمىنى ياسىدى. [29] ئىممەرنىڭ ئوغلى زادوك ئۇلارنىڭ يېنىدا، كېيىنكى قىسمىنى، ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر بۆلىكىنى ياسىدى.

---

21:3 **«ھاكوزنىڭ نەۋرىسى»** ــ ياكى «كوزنىڭ نەۋرىسى».

26:3 **«ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نەتانىيلار».

ئۇنىڭ يېنىدىكى تۇتاش قىسمىنى «شەرقىي دەرۋازا»نىڭ دەرۋازىۋەنى شېكانىيانىڭ ئوغلى شېمايا ياسىدى. [30] ئۇنىڭ يېنىدا، شەلەمىيانىڭ ئوغلى ھانانىيا بىلەن زالافنىڭ ئالتىنچى ئوغلى ھانۇن ئىككىنچى بىر بۆلىكىنى ياسىدى؛ ئۇلارنىڭ يېنىدا، بەرەكىيانىڭ ئوغلى مەشۇللام ئۆز قورۇسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر بۆلەكنى ياسىدى. [31] ئۇنىڭ يېنىدا، شۇ يەردىن تارتىپ ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى بىلەن سودىگەرلەرنىڭ قورۇلىرىدىن ئۆتۈپ، «تەكشۈرۈش قوۋۇقى»نىڭ ئۇدۇلىدىكى سېپىل دوقمۇشىنىڭ بالىخانىسىغىچە بولغان بۆلىكىنى زەرگەرلەردىن بولغان مالكىيا ياسىدى. [32] دوقمۇشنىڭ بالىخانىسى بىلەن «قوي قوۋۇقى»نىڭ ئارىلىقىدىكى بۆلەكنى زەرگەرلەر بىلەن سودىگەرلەر ياسىدى.

## سانباللاتنىڭ خاپا بولۇشى ۋە مەسخىرە قىلىشى

4 [1] شۇنداق بولدىكى، سانباللات بىزنىڭ سېپىلنى يېڭىۋاشتىن ئۇگشاۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ، قەھرى بىلەن يەھۇدالارنى مەسخىرە قىلدى. [2] ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە سامارىيە قوشۇنى ئالدىدا: — بۇ زەئىپ يەھۇدالار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇنداق مۇستەھكەملىمەكچىمۇ؟ ئۇلار قۇربانلىقلارنى سۇنماقچىمۇ؟ ئۇلار بىر كۈن ئىچىدە پۈتتۈرۈشمەكچىمۇ؟ تۆپا دۆۋىلىرى ئىچىدىن كۆيۈپ كەتكەن تاشلارنى كولاپ چىقىرىپ ئۇلارغا جان كىرگۈزەمدىكەن؟ — دېدى. [3] ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان ئاممونىي

---

31:3 **«ئۇدۇلىدىكى سېپىل دوقمۇشنىڭ بالىخانىسىغىچە»** — ياكى «ئۇدۇلىدىكى سېپىل دوقمۇشىغا چىقىش يولىغىچە» ياكى «ئۇدۇلىدىكى سېپىل دوقمۇشىدىكى پەلەمپەيگىچە».

2:4 **«ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇنداق مۇستەھكەملىمەكچىمۇ؟»** — ياكى «ئۇلار ئۆز مەيلىچە شۇنداق كېتىۋەرسە بولامدۇ؟» ياكى «ئۆزلىرىگە تايىنىپ بۇ ئىشنى قىلالامدۇ؟». تېكىستنىڭ ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش سەل تەس. **«تۆپا دۆۋىلىرى ئىچىدىن كۆيۈپ كەتكەن تاشلارنى كولاپ چىقىرىپ ئۇلارغا جان كىرگۈزەمدىكەن؟»** — بۇ مەسخىرە سۆزلىرى ئىچىدە بىر-بىرىگە زىت كېلىدىغان ئىشلار بار. قارىغاندا، گەرچە سانباللات مازاق قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قورۇلۇشقا بولغان غەزىپى ئۇنىڭدا بۇ ئىش پۈتتۈرۈلۈشى مۇمكىن، دېگەندەك بىرخىل قورقۇنچنىڭ بارلىقىغا ئىسپات بولىدۇ.

# يېرۇسالېمنىڭ قوۋۇق-دەرۋازىلىرى

(نەھەمىيا دەۋرى - «نەھەمىيا» 3-بابنى كۆرۈڭ)



توبىيا: ــ ئۇلار ھەرقانچە ياسىسىمۇ، بىر تۈلكە سېپىلنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقسا، ئۇلارنىڭ تاش تېمىنى ئۆرۈۋېتىدۇ! ــ دېدى.

## نەھەمىيانىڭ دۇئاسى

[4]ــ ئى خۇدايىمىز، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغايسەن، كەمسىتىلمەكتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلغان ھاقارەتلىرىنى ئۆز بېشىغا ياندۇرغايسەن؛ ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ياقا يۇرتتا خەقنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندۇرغايسەن! [5]ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى ياپمىغايسەن، گۇناھلىرى ئالدىڭدىنمۇ ئۆچۈرۈۋېتىلمىسۇن؛ چۈنكى ئۇلار سېپىلنى ئوڭشاۋاتقانلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەردى!
[6]شۇنداقتىمۇ سېپىلنى يېڭىۋاشتىن ئوڭشاۋەردۇق؛ ئۇنى ئۇلاپ، ئېگىزلىكىنى يېرىمىغا يەتكۈزدۇق؛ چۈنكى كۆپچىلىك كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىدى.

## دۈشمەنلەرنىڭ توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قەستلىشى

[7]شۇنداق بولدىكى، سانباللات، توبىيا، ئەرەبلەر، ئاممونىيلار، ئاشدودلۇقلار يېرۇسالېم سېپىللىرىنى يېڭىۋاشتىن ئوڭشاش قۇرۇلۇشىنىڭ يەنىلا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، سېپىل بۆسۈكلىرىنىڭ ئېتىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كېلىشتى-دە، [8]بىرلىكتە يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشنى قەستلەشتى. [9]شۇڭا بىز خۇدايىمىزغا ئىلتىجا قىلدۇق ھەم ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن كېچە-كۈندۈز كۆزەتچى قويۇپ، ئۆزلىرىمىز ئۇلاردىن مۇداپىئەلەندۇق.
[10]بۇ چاغدا يەھۇدىيەدىكىلەر: ــ ئىشچى-ھامماللار ھالىدىن كەتتى، شۇنىڭدەك چالما-كېسەك ئەخلەتلەر يەنىلا ناھايىتى كۆپ، بىز سېپىلنى ئوڭشاشقا ھەتتا سېپىلغىمۇ يېقىنلىشالمىدۇق! ــ دېيىشتى. [11]شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۈشمەنلىرىمىز: ــ ئۇلار سەزمەستە، ئۇلار كۆرمەستە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇلارنى

ئۆلتۈرۈپ، قۇرۇلۇشنى توختىتىۋېتىمىز! ــ دېيىشتى.
12 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان يەھۇدالارمۇ
يېنىمىزغا ئون قېتىم كېلىپ: ــ قايسى تەرەپكە قارىساڭلار، ئۇلار
شۇ تەرەپتىن كېلىپ سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى! ــ دەپ خەۋەر يە
تكۈزۈشتى. 13 شۇڭا مەن خەلقنى جەمەت-جەمەت بويىچە، قولىغا
قىلىچ، نەيزە ۋە ئوقيالىرىنى ئېلىپ، سېپىلى پەس بولغان ياكى
ھۇجۇمغا ئوچۇق تۇرغان يەرلەردە سېپىلنىڭ ئارقىسىدا قاراۋۇللۇقتا
تۇرۇشقا قويدۇم. 14 كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئورنۇمدىن
قوپۇپ مۆتىۋەرلەر بىلەن ئەمەلدارلار ۋە باشقا خەلققە: ــ ئۇلاردىن
قورقماڭلار؛ ئۇلۇغ ۋە دەھشەتلىك رەبنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئۆز
قېرىنداشلىرىڭلار، ئوغۇل-قىزلىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار ۋە ئۆي-
ماكانىڭلار ئۈچۈن جەڭ قىلىڭلار، دېدىم.

## بىر تەرەپتىن ئىشلەش، بىر تەرەپتىن مۇداپىئەلىنىش

15 شۇنداق بولدىكى، ئۆزلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى بىلىپ قالغانلىقىمىز
دۈشمەنلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارغاچ، شۇنىڭدەك خۇدا ئۇلارنىڭ
سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلغاچ، بىز ھەممىمىز سېپىلغا قايتىپ،
ھەربىرىمىز ئەسلى ئىش ئورنىمىزدا ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردۇق.
17-16 ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ خىزمەتكارلىرىمنىڭ يېرىمى ئىش بىلەن
بولدى، يېرىمى قولىغا نەيزە، قالقان، ئوقيا تۇتقان، دوبۇلغا-ساۋۇت
كىيگەن ھالدا يۈرۈشتى. سەردار-ئەمەلدارلار سېپىلنى ئوڭشاۋاتقان
بارلىق يەھۇدا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇردى. ھەم يۈكلەرنى
توشۇۋاتقانلار ھەم ئۇلارغا يۈك ئارتىۋاتقانلارمۇ بىر قولىدا ئىشلەپ،
بىر قولىدا ياراغلىرىنى چىڭ تۇتۇشقانىدى. 18 تامچىلارنىڭ

12:4 **«قايسى تەرەپكە قارىساڭلار، ئۇلار شۇ تەرەپتىن كېلىپ سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى!»** ــ ئەسلى ئايەتنىڭ كۆچۈرۈلمىسى كەمتۈك بولغاچقا، مەنىسىنى جايىدا چىقىرىش تەس بولۇپ قالدى؛ شۇڭا مۇشۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار. لېكىن ئاساسىي مەنىلىرىنىڭ ھەممىسى دۈشمەنلەرنىڭ ھەرتەرەپلىمە قەستلەشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەربىرى بەللىرىگە قىلىچ-خەنجەرلىرىنى ئاسقان ھالدا سېپىلنى
ياساۋاتاتتى؛ كانايچى بولسا يېنىمدا تۇراتتى. [19] مەن مۆتىۋەرلەر،
ئەمەلدارلار ۋە باشقا خەلققە: ــ بۇ قۇرۇلۇش ناھايىتى چوڭ، دائىرىسى
كەڭ؛ بىز ھەممىمىز سېپىلدا بۆلەك-بۆلەكلەر بويىچە تارقىلىپ
ئىشلەپ، بىر-بىرىمىزدىن يىراق تۇرۇۋاتىمىز. [20] شۇڭا مەيلى قەيەردە
بولۇڭلار، كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلارلا، بىز بار شۇ يەرگە كېلىپ
يىغىلىڭلار؛ خۇدايىمىز بىز ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، ــ دېدىم.
[21] بىز ئەنە شۇ تەرىقىدە ئىشلىدۇق؛ خەلقنىڭ يېرىمى تاڭ ئاتقاندىن
تارتىپ يۇلتۇز چىققۇچە نەيزىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتى. [22] ئۇ چاغدا
مەن يەنە خەلققە: ــ ھەممەيلەن ئۆز خىزمەتكارى بىلەن كېچىنى
يېرۇسالېمغا كىرىپ ئۆتكۈزسۇن، شۇنداق بولسا ئۇلار كېچىسى
بىزنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىمىزنى قىلىدۇ، كۈندۈزى ئىشلەيدۇ، دېدىم.
[23] شۇنداق قىلىپ يا مەن، نە قېرىنداشلىرىم، يا خىزمەتكارلىرىم ياكى
ماڭا ئەگەشكەن مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى كىيىملىرىنى
سېلىشمىدى؛ ھەربىرى ھەتتا سۇغا بارغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ياراغلىرىنى
ئېلىۋالاتتى.

## نامراتلارنىڭ نالىسى

5 [1] ئۇ چاغدا خالايىق ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ئۆز قېرىنداشلىرى
بولغان يەھۇدالار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ قاتتىق داد-پەرياد
كۆتۈرۈشتى. [2] بەزىلەر: ــ بىز ۋە ئوغۇل-قىزلىرىمىزنىڭ جان سانىمىز
كۆپ، كۈن كەچۈرۈشىمىز ئۈچۈن تويغۇدەك ئاشلىق ئالمىساق بولمايدۇ،
دېيىشتى. [3] يەنە بەزىلەر: ــ بىز ئاچارچىلىقتا قالغان ۋاقتىمىزدا

---

**20:4** مىس. 25:14؛ قان. 30:1؛ 7:28

23:4 **«ھەربىرى ھەتتا سۇغا بارغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ياراغلىرىنى ئېلىۋالاتتى»** ــ ياكى «ھەربىرى ئوڭ قولىدىن ياراغلىرىنى چۈشۈرۈشمىدى» ياكى «ھەربىرەيلەن پەقەت يۇيۇنغاندىلا كىيىملىرىنى سالاتتى». ئەينى تېكىست كەمتۈكتەك كۆرۈنىدۇ.

ئاشلىق ئېلىپ يەيمىز دەپ ئېتىزلىرىمىز، ئۈزۈمزارلىقلىرىمىزنى
ۋە ئۆيلىرىمىزنى رەنىگە بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق، دېيىشتى. 4 ۋە
يەنە بەزىلەر: ــ پادىشاھنىڭ ئېتىزلىرىمىز ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرىمىز
ئۈستىگە سالغان باج-سېلىقنى تاپشۇرۇشقا پۇل قەرز ئالدۇق. 5 گەرچە
بەدەنلىرىمىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەدەنلىرىگە، پەرزەنتلىرىمىز
ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئوغۇل-
قىزلىرىمىزنى قۇل-دېدەك بولۇشقا تاپشۇرماي ئامالىمىز بولمىدى؛
ئەمەلىيەتتە قىزلىرىمىزدىن بەزىلىرى ئاللىقاچان دېدەك بولۇپمۇ
كەتتى؛ ئۇلارنى بەدەل تۆلەپ ھۆرلۈككە چىقىرىشقا قۇربىمىز يەتمىدى،
چۈنكى بىزنىڭ ئېتىزلار ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرىمىز ھازىر باشقىلارنىڭ
قولىدىدۇر، ــ دېيىشتى.

## نەھەمىيانىڭ مۆتىۋەرلەر بىلەن مەنسەپدارلارنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىشى

6 مەن ئۇلارنىڭ داد-پەريادلىرىنى ۋە ئېيتقان بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن قاتتىق غەزەپلەندىم. 7 كۆڭلۈمدە بىرەر قۇر ئويلىنىۋالغاندىن
كېيىن، مۆتىۋەرلەر بىلەن ئەمەلدارلارنى ئەيىبلەپ: ــ سىلەر ئۆز
قېرىنداشلىرىڭلارغا قەرز بېرىپ ئۇلاردىن ئۆسۈم ئالىدىكەنسىلەر-
ھە! ــ دەپ تەنبىھ بەردىم. ئاندىن ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن چوڭ
بىر يىغىن ئېچىپ 8 ئۇلارنى: ــ بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە يات
تائىپىلەرگە سېتىۋېتىلگەن قېرىنداشىمىز يەھۇدىلارنى قايتۇرۇپ
سېتىۋالدۇق، لېكىن سىلەر بىزنى ئۇلارنى قايتۇرۇپ سېتىۋالسۇن
دەپ قېرىنداشلىرىڭلارنى يەنە سېتىۋەتمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟
ــ دەپ ئەيىبلىۋىدىم، ئۇلار دەيدىغان گەپ تاپالماي، شۈك تۇرۇپ

4:5 **«پادىشاھنىڭ ئېتىزلىرىمىز ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرىمىز ئۈستىگە سالغان باج-سېلىقنى تاپشۇرۇشقا پۇل قەرز ئالدۇق»** ــ ياكى «پادىشاھنىڭ باج-سېلىقنى تۆلەشكە ئېتىزلىرىمىز ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرىمىزنى رەنىگە بېرىپ پۇل قەرز ئالدۇق».

**7:5** مىس. 24:22

قالدى. 9 ئاندىن مەن ئۇلارغا يەنە: ــ سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار قاملاشماپتۇ. سىلەر دۈشمەنلىرىمىز بولغان تائىپىلەر ئالدىدا بىزنى ئاھانەتكە قالدۇرماي، خۇدايىمىزنىڭ قورقۇنچىدا ماڭساڭلار بولماسمىدى؟ 10 مەنمۇ، قېرىنداشلىرىم ۋە خىزمەتكارلىرىم ئۇلارغا پۇل ۋە ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ تۇرۇپ ئۆسۈم ئالساق ئالاتتۇق! سىلەردىن ئۆتۈنىمەن، مۇنداق ئۆسۈم ئېلىشتىن ۋاز كېچەيلى! 11 ئۆتۈنۈپ قالاي، سىلەر دەل بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئېتىزلىرىنى، ئۈزۈمزارلىق، زەيتۇنزارلىق ۋە ئۆيلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ۋە شۇنىڭدەك سىلەر ئۇلاردىن ئۈندۈرۈۋالغان پۇل، ئاشلىق، يېڭى مەي-شاراب ۋە يېڭى زەيتۇن مايلىرىنىڭ ئۆسۈمىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، دېدىم.
12 ئۇلار: ــ قايتۇرۇپ بېرىمىز، ئەمدى ئۇلاردىن ھېچ ئۆسۈم ئالمايمىز؛ سىلى نېمە دېسىلە، بىز شۇنداق قىلىمىز، دېيىشتى. مەن كاھىنلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنى بۇ ۋەدە بويىچە شۇنداق ئىجرا قىلىشقا قەسەم ئىچكۈزدۈم. 13 مەن تونۇمىنىڭ پېشىنى قېقىپ تۇرۇپ: ــ كىم

---

10:5 **«مەنمۇ، قېرىنداشلىرىم ۋە خىزمەتكارلىرىم ئۇلارغا پۇل ۋە ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ تۇرۇپ ئۆسۈم ئالساق ئالاتتۇق»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ (1) «مەنمۇ، قېرىنداشلىرىم، خىزمەتكارلىرىممۇ ئۇلارغا پۇل ۋە ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ تۇرۇۋاتىمىز» ياكى: ــ (2) «مەنمۇ، قېرىنداشلىرىم، خىزمەتكارلىرىممۇ ئۇلارغا پۇل ۋە ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ تۇرايلى».
—نەھەمىيانىڭ خاراكتېرى بەك سېخىي بولغاچقا، بەلكىم ئۆسۈمسىز ئۆتنە-قەرزنى كۆپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قېرىنداشلارغا ئۆتنە بېرىپ ئۆسۈم ئېلىش مۇسا پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغىنىغا خىلاپلىق («مىس.» 25:22، «پەند.» 5:15). شۇڭا بۇ ئىككىنچى خىل تەرجىمىنى توغرا ئەمەس، دەپ قارايمىز. **«مۇنداق ئۆسۈم ئېلىشتىن ۋاز كېچەيلى!»** ــ ياكى «مۇشۇنداق قەرزگە رەنى ئېلىشتىن ۋاز كېچەيلى!».
11:5 **«...بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئېتىزلىرىنى، ئۈزۈمزارلىق، زەيتۇنزارلىق ۋە ئۆيلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار...»** ــ مۇشۇ ئېتىز قاتارلىق مۈلۈكلەر ئەسلىدە قەرز-ئۆتنىلەرگە «رەنە» سۈپىتىدە قويۇلغان بولۇپ، قەرز ئىگىلىرى ئۇلارنى تارتىۋالغان بولسا كېرەك. **«پۇل، ئاشلىق...ۋە يېڭى زەيتۇن مايلىرىنىڭ ئۆسۈمىنى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «پۇل، ئاشلىق، ...ۋە يېڭى زەيتۇن مايلىرىنىڭ يۈزدىن بىرى» ياكى «ئۆسۈمى بىر پىرسەنت» ــ قانداق تەرجىمە قىلىنىشتىن قەتئىينەزەر، مۇشۇ سۆزلەر چوقۇم ئۆسۈمنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى كېرەك.
12:5 **«مەن كاھىنلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنى ... شۇنداق ئىجرا قىلىشقا قەسەم ئىچكۈزدۈم»** ــ كاھىنلار ئەسلىدە قەرز ئىگىلىرى ئەمەس؛ ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى باشقىلارنىڭ

مۇشۇ ۋەدىنى ئادا قىلمىسا، خۇدا شۇ يول بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆز ئۆيىدىن ۋە مال-مۈلكىدىن مەھرۇم قىلىپ قېقىۋەتسۇن! شۇ يول بىلەن ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى قۇرۇقدىلىپ قالغۇچە قېقىۋېتىلسۇن! - دېدىم. پۈتكۈل جامائەت بىردەك: «ئامىن!» دېيىشتى ھەم پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇشتى. ئاندىن كۆپچىلىك شۇ ۋەدىسى بويىچە دېگىنىدەك قىلىشتى.

## پاك-دىيانەتلىك ۋە ئاددىي-ساددا نەھەمىيا

14 شۇنىڭدەك، يەھۇدىيە زېمىنىدا ئۇلارغا ۋالىي بولۇشقا تىكلەنگەن
كۈندىن بۇيان، يەنى پادىشاھ ئارتاخشاشتانىڭ يىگىرمىنچى يىلىدىن
ئوتتۇز ئىككىنچى يىلىغىچە بولغان ئون ئىككى يىل ئىچىدە نە
مەن، نە مېنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم ۋالىيلىق نېنىنى ھېچ يېمىدۇق.
15 مەندىن ئىلگىرى ۋالىي بولغانلار خەلققە ئېغىرچىلىك سېلىپ،
ئۇلاردىن كۈندىلىك ئاشلىق، مەي-شاراب ۋە شۇنىڭدەك قىرىق شەكەل
كۈمۈش ئېلىپ كەلگەنىكەن؛ ھەتتا ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ
خەلقنىڭ ئۈستىدىن ھوقۇقۋازلىق قىلىپ كەلگەنىكەن. لېكىن مەن
خۇدادىن قورققىنىمدىن ئۇنداق قىلمىدىم. 16 مەن دەرۋەقە
سېپىلنىڭ قۇرۇلۇشىغىلا بېرىلگەچكە، بىز ھەتتا بىرەر ئېتىزنىمۇ
سېتىۋالمىدۇق؛ مېنىڭ بارلىق خىزمەتكارلىرىممۇ قۇرۇلۇشتا
ئىشلەشكە شۇ يەرگە يىغىلاتتى. 17 ئەتراپىمىزدىكى يات ئەللەردىن
بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەنلەردىن بۆلەك، مېنىڭ بىلەن بىر داستىخاندا
غىزا يەيدىغانلار يەھۇدىيلار ۋە ئەمەلدارلاردىن بىر يۈز ئەللىك كىشى
ئىدى. 18 ھەركۈنى بىر كالا، خىللانغان ئالتە قوي تەييارلىناتتى، يەنە

شۇ ۋەدىسىنى ئادا قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەسلىدە كاھىنلار ئۆسۈم بېرىش توغرۇلۇق مۇقەددەس قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى بىلىشى كېرەك ئىدى، شۇنداقلا بۇنداق ۋەزىيەتكە يول قويماسلىقى كېرەك ئىدى.

15:5 **«قىرىق شەكەل كۈمۈش»** ــ «شەكەل» ئېغىرلىق مىقدارى، بىر شەكەل كۈمۈش بولسا بەلكىم 11.4 گرام ئىدى. مۇشۇ يەردە «قىرىق شەكەل» بەلكىم ھەركۈنى خەلقتىن ئالغان پۇلنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ماڭا بەزى ئۈچار قۇشلار تەييارلىناتتى؛ ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم ھەرخىل مول مەي-شاراب بىلەن تەمىنلىنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا «ۋالىي نېنى»نى تەلەپ قىلمىدىم؛ چۈنكى قۇرۇلۇش ئىشى خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر يۈك ئىدى.

[19] ــ ئاھ خۇدايىم، مەن مۇشۇ خەلق ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئىشىمنى ياد ئەتكەيسەن، ماڭا شاپائەت كۆرسەتكەيسەن!.

## ساناباللاتنىڭ قۇرۇلۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش سۈيىقەستى

6 [1] شۇنداق بولدىكى، ساناباللات، توبىيا، ئەرەب بولغان گەشەم ۋە دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قالغان قىسمى مېنىڭ سېپىلنى يېڭىۋاشتىن ئوڭشاپ چىققانلىقىمنى، سېپىلنىڭ ئەمدى بۆسۈكلىرىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ (لېكىن ئۇ چاغدا مەن تېخى سېپىل قوۋۇقلىرىنىڭ قاناتلىرىنى ئورناتمىغانىدىم)، [2] ساناباللات بىلەن گەشەم ماڭا: ــ كەلسىلا، بىز ئونو تۈزلەڭلىكىدىكى كەفىرىم كەنتىدە كۆرۈشەيلى! ــ دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ماڭا قەست قىلماقچى ئىكەن. [3] شۇڭلاشقا مەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ: ــ مەن ئۇلۇغ بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمدىن سىلەر تەرەپكە چۈشەلمەيمەن. مەن قانداقمۇ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارىمەن دەپ، ئىشنى تاشلاپ ئۇنى توختىتىپ قوياي؟ ــ دېدىم.

[4] ئۇلار ئۇدا تۆت قېتىم مۇشۇ تەرىقىدە ئادەم ئەۋەتتى، مەن ھەر قېتىم شۇنداق جاۋاپ بەردىم. [5] ئاندىن ساناباللات بەشىنچى قېتىم شۇ تەرىقىدە ئۆز خىزمەتكارىغا پېچەتلەنمىگەن خەتنى قولىغا تۇتقۇزۇپ ئەۋەتىپتۇ.

[6] خەتتە: «ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ تارقىلىپ يۈرىدۇ، ۋە گەشەممۇ شۇنداق دەيدۇ: ــ سەن ۋە يەھۇدىيلار بىرگە ئىسيان كۆتۈرمەكچى ئىكەنسىلەر؛ شۇڭا سەن سېپىلنىمۇ يېڭىۋاشتىن

---

**19:5** نەھ. 22:13

**2:6 «كەفىرىم كەنتىدە»** ــ ياكى «كەنتلەرنىڭ بىرىدە».

ئۇچۇشالشقا كىرىشىپسەن؛ ئىپتىشلارغا قارىغاندا سەن ئۆزۈڭنى ئۇلارغا پادىشاھ قىلماقچىكەنسەن.[7] سەن يەنە يېرۇسالېمدا ئۆزۈڭ توغرۇلۇق: «مانا، يەھۇدىيەدە ئۆزىمىزنىڭ بىر پادىشاھىمىز بار!» دەپ جار سېلىپ تەشۋىق قىلىشقا بىرنەچچە پەيغەمبەر قويۇپسەن. ئەمدى بۇ گەپلەر سۆزسىز پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا، كەلگىن، بىز بىرلىكتە مەسلىھەتلىشۋالايلى» دېيىلگەنىكەن.
[8] مەن ئۇنىڭغا: «سەن ئېيتقان ئىشلار ھېچقاچان قىلىنغان ئەمەس؛ بۇلار بەلكى ئۆز كۆڭلۈڭدىن ئويدۇرۇپ چىقارغىنىڭ، خالاس» دەپ جاۋاپ قايتۇردۇم.[9] ئەمەلىيەتتە، ئۇلار: «مۇشۇنداق قىلساق ئۇلارنىڭ قولى ماغدۇرسىزلىنىپ، قۇرۇلۇش ئىشى ئادا قىلىنماي قالىدۇ!» دەپ ئويلاپ بىزنى قورقاتماقچى ئىدى.
«ئەمدى مېنىڭ قولۇمنى ئىشتا تېخىمۇ كۈچلەندۈرگەيسەن!».

## يالغان پەيغەمبەر شېمايانىڭ تەھدىت سېلىشى

[10] مەھەتابەلنىڭ نەۋرىسى، دېلايانىڭ ئوغلى شېمايا ئۆزىنى ئۆز ئۆيىگە قامىۋالغانىدى؛ مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلسەم ئۇ: ــ بىز خۇدانىڭ ئۆيىدە، ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدە كۆرۈشەيلى ۋە ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازا قاناتلىرىنى ئېتىپ قويايلى؛ چۈنكى ئۇلار سېنى ئۆلتۈرگىلى كېلىدۇ؛ شۈبھىسىزكى، كېچىسى كېلىپ سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى! ــ دېدى.
[11] مەن: ــ ماڭا ئوخشاش بىر ئادەم قانداقمۇ قېچىپ كەتسۇن؟ مەندەك بىر ئادەم جېنىمنى قۇتقۇزىمەن دەپ قانداقمۇ ئىبادەتخانىغا كىرىۋالغۇدەكمەن؟ مەن ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرىۋالمايمەن! ــ دەپ جاۋاپ بەردىم.[12] چۈنكى مەن قارىسام، ئۇنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەس، بەلكى توبىيا بىلەن سانباللات تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، ماڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولۇپ بۇ بېشارەت بەرگەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى.[13] ئۇنى سېتىۋېلىشىدىكى

6:6 «گەشەم» ــ ئىبرانىي تىلىدا مۇشۇ يەردە «گاشمۇ» ــ گەشەمنىڭ يەنە بىر شەكلى.
10:6 «شېمايا ئۆزىنى ئۆز ئۆيىگە قامىۋالغانىدى» ــ ئۆزىنى قامىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس؛ «رەسمىي ناپاك» بولغانلىقى ياكى قەسەم ئىچكەنلىكى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن

**مەقسەت، مېنى قورقۇتۇپ، شۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلغۇزۇپ گۇناھ قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلغان بولسام، نامىمنى بۇلغاپ مېنى قارىلاشقا شىكايەت قىلالايدىغان بولاتتى.**

**14 ــ «ئاھ خۇدا، توبىيا بىلەن سانباللاتنى ئېسىڭدا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىغا يارىشا ئۆز بېشىغا ياندۇرغايسەن، شۇنداقلا مېنى قورقاتماقچى بولغان ئايال پەيغەمبەر نوئادىيا بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ قىلغانلىرىنى ئۆز بېشىغا ياندۇرغايسەن!».**

## قايتا ئۇڭشاشنىڭ تاماملىنىشى

**15 ئېلۇل ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى سېپىل پۈتتى، پۈتۈن قۇرۇلۇشقا ئەللىك ئىككى كۈن ۋاقىت كەتتى. 16 شۇنداق بولدىكى، دۈشمەنلىرىمىز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئەتراپىمىزدىكى بارلىق ئەللەر قورقۇپ كېتىشتى؛ ئۆز نەزىرىدە ھەيۋىتى بەك چۈشۈپ كەتتى ۋە بۇ قۇرۇلۇشنى خۇدايىمىزنىڭ ئۆزى ئېلىپ بارغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. 17 شۇ كۈنلەردە يەھۇدىيەدىكى مۆتىۋەرلەر توبىياغا نۇرغۇن خەت يازدى، توبىيامۇ ئۇلارغا جاۋابەن دائىم خەت يېزىپ تۇردى. 18 چۈنكى يەھۇدىيەدە توبىياغا باغلىنىپ قىلىپ، قەسەم ئىچكەن نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى؛ چۈنكى ئۇ ئاراھنىڭ ئوغلى، شېكانىيانىڭ كۈيئوغلى ئىدى، ھەمدە ئۇنىڭ ئوغلى يوھانان بەرەكىيانىڭ ئوغلى مەشۇللامنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغانىدى. 19 شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە مېنىڭ ئالدىمدا پات-پات توبىيانىڭ ياخشى ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ قويۇشاتتى ھەم مېنىڭ گەپلىرىمنىمۇ ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ تۇرۇشاتتى؛ توبىيا بولسا ماڭا پات-پات تەھدىت سېلىپ خەت يېزىپ تۇراتتى.**

13:6 **«شۇنداق قىلغان بولسام، نامىمنى بۇلغاپ مېنى قارىلاشقا شىكايەت قىلالايدىغان بولاتتى»** ــ سانباللات ۋە توبىيانىڭ بۇ ئەقلى خېلى ھىيلە-مىكىرلىك ئىدى. نەھەمىيا كاھىن ئەمەس؛ شۇڭا (1) ئۇ ئىبادەتخانىغا ناپاك ھالدا ياكى ئېھتىياتسىزلىق بىلەن كىرسە گۇناھ ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى؛ (2) «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئۆزىگە كىرگەن بولسا گۇناھى تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى؛ قايسىلا ئەھۋالدا بولسۇن ئۆز خەلقى ئالدىدىكى نام-ئابرۇيى چۈشكەن بولاتتى ۋە شۇنىڭ تۈپەيلىدىن قۇرۇلۇش ئىشى توختىتىلغان بولاتتى.

## ھانانى بىلەن ھانانىيانىڭ بىرلىكتە باشقۇرۇشقا قويۇلۇشى

7 سېپىل ئۆڭشىلىپ بولۇپ، مەن دەرۋازىلارنى ئورنىتىپ، دەرۋازىۋەنلەرنى، غەزەلكەشلەرنى ۋە لاۋىيلارنى بېكىتىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، [2] مەن ئىنىم ھانانى بىلەن قەلئە سەردارى ھانانىيانى يېرۇسالېمنى باشقۇرۇشقا قويدۇم؛ چۈنكى ھانانىيا ئىشەنچلىك ئادەم بولۇپ، خۇدادىن قورقۇشتا كۆپ ئادەملەردىن ئېشىپ كېتەتتى. [3] مەن ئۇلارغا: ــ كۈن ئىسسىغۇچە يېرۇسالېمنىڭ قوۋۇقلىرى ئېچىلمىسۇن؛ قوۋۇقلارنىڭ قاناتلىرى ئېتىلگەندە، بالداقلار تاقالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ دەرۋازىۋەنلەر يېنىدا تۇرۇپ كۆزەت قىلسۇن؛ شۇنىڭدەك يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلاردىن قاراۋۇللار كۆزەت نۆۋەتلىرىگە قويۇلۇپ بېكىتىلسۇن؛ ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر كۆزەتتىگە مەسئۇل بولسۇن، شۇنداقلا ھەربىرىنىڭ كۆزىتى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا بولسۇن، دەپ تاپىلىدىم. [4] شەھەر چوڭ ھەم كەڭرى بولغىنى بىلەن ئاھالە ئاز، ئۆيلەر تېخى سېلىنمىغانىدى.

---

2:7 **«ئىنىم ھانان»** ــ نەھەمىيانىڭ ئىنىسى 2:1، 3دە تىلغا ئېلىنىدۇ. **«مەن ئىنىم ھانانى بىلەن ... ھانانىيانى يېرۇسالېمنى باشقۇرۇشقا قويدۇم»** ــ يېرۇسالېمنى باشقۇرۇشقا ئادەملەرنى قويۇش، نەھەمىيانىڭ ئارتاخشاستانىڭ يېنىغا قايتماقچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن (6:2نى كۆرۈڭ). **«ھانانىيا ئىشەنچلىك ئادەم بولۇپ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ئىشەنچلىك ئادەم بولۇپ..». بەزى ئالىملار «ئۇ» ھانانىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

3:7 **«دەرۋازىۋەنلەر يېنىدا تۇرۇپ كۆزەت قىلسۇن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلار يېنىدا تۇرۇپ كۆزەت قىلسۇن». **«شۇنىڭدەك يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلاردىن قاراۋۇللار كۆزەت نۆۋەتلىرىگە قويۇلۇپ بېكىتىلسۇن؛ ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر كۆزەتتىگە مەسئۇل بولسۇن، شۇنداقلا ھەربىرىنىڭ كۆزىتى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا بولسۇن، دەپ تاپىلىدىم»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇنىڭدەك يېرۇسالېمنىڭ قوۋۇقلىرى چۈش ۋاقتىدا ئوچۇق تۇرمىسۇن؛ قوۋۇقلار ئېتىلگەندە، بالداقلىرى تاقالغىنىدا دەرۋازىۋەنلەر يېنىدا تۇرۇپ كۆزەت قىلسۇن؛ يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلاردىن قاراۋۇللار ئېلىنىپ، كۆزەت نۆۋەتلىرىگە قويۇپ بېكىتىلسۇن؛ بەزىلەر ئالاھىدە نۆۋەتتىكى كۆزەتتە تۇرسۇن، بەزىلەر ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا كۆزەتتە تۇرسۇن». يەنە باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

## بىرىنچى قېتىم قايتىپ كەلگەن يەھۇدىيلار
## «ئەزرا» 2:1-35نى كۆرۈڭ

[5] خۇدايىم كۆڭلۈمگە مۆتىۋەرلەر، ئەمەلدارلار ۋە خەلقنىڭ ھەربىرىنى
نەسەبنامىسى بويىچە رويخەتكە ئېلىشقا ئۇلارنى يىغىش نىيىتىنى
سالدى. مەن ئاۋۋال بىرىنچى قېتىم قايتىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ
نەسەبنامىسىنى تاپتىم، ئۇنىڭدا مۇنداق پۈتۈلگەنىدى: ــ
[6] تۆۋەندىكىلەر يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىكىلەردىن، ئەسلى بابىل پادىشاھى
نېبوقادنەسار تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغانلاردىن، يېرۇسالېم ۋە
يەھۇدىيەگە چىقىپ، ھەربىرى ئۆز شەھەرلىرىگە كەتتى: ــ
[7] ئۇلار زەرۇببابەل، يەشۇئا، نەھەمىيا، ئازارىيا، رائامىيا، ناھامانى،
موردىكاي، بىلشان، مىسپەرەت، بىگۋاي، نەھۇم ۋە بائاناھلار بىللە
قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئىچىدىكى ئەركەكلەرنىڭ
سانى تۆۋەندىكىچە: ــ
[8] پاروشنىڭ ئەۋلادلىرى ئىككى مىڭ بىر يۈز يەتمىش ئىككى كىشى؛
[9] شەفاتىيانىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچ يۈز يەتمىش ئىككى كىشى؛ [10] ئاراھنىڭ
ئەۋلادلىرى ئالتە يۈز يەتمىش بەش كىشى؛ [11] پاھات-موئابنىڭ
ئەۋلادلىرى، يەنى يەشۇئا بىلەن يوئابنىڭ ئەۋلادلىرى ئىككى مىڭ
سەككىز يۈز ئون سەككىز كىشى؛ [12] ئېلامنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مىڭ
ئىككى يۈز ئەللىك تۆت كىشى؛ [13] زاتتۇنىڭ ئەۋلادلىرى سەككىز يۈز

---

6:7 «**تۆۋەندىكىلەر... ئەسلى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغانلاردىن...**» ــ بۇ تىزىملىك بىلەن «ئەزرا» 2-بابتىكى تىزىملىك ئوتتۇرىسىدا ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى، سانى ۋە تىزىملىك تەرتىپىدە بەزىدە ئازراق پەرقلەر بار. بۇ پەرقلەر ئىككى تىزىملىكنىڭ ھەققەت ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىسپات بېرىدۇ. ئىككىنچى تىزىملىكنى يېرۇسالېمدا، بىرىنچى تىزىملىكنى بابىلدا قىلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى تىزىملىك ئاخىرىدا يېرۇسالېمغا يېتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ بىرىنچى تىزىملىكتە خاتىرىلەنگەن بەزىلىرى شۈبھىسىزكى، كېيىن نىيىتىدىن يېنىپ، يېرۇسالېمغا بارماي قالغان ياكى بارغاندىن كېيىن، يەنە بابىلغا قايتىپ كەتكەنىدى؛ شۇنداقلا يېرۇسالېمغا قايتىش يولىدا ئۆلگەنلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەسلىدىكى تىزىملىككە خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىن يېرۇسالېمغا بارىمەن دەپ «قايتىش»قا قاتناشقانلارمۇ بار بولسا كېرەك؛ ئۇلار ئىككىنچى تىزىملىككە خاتىرىلەنگەن.
**6:7** ئەزرا 2

قىرىق بەش كىشى؛ 14 زاككاينىڭ ئەۋلادلىرى يەتتە يۈز ئاتمىش كىشى؛
15 بىننۇئىينىڭ ئەۋلادلىرى ئالتە يۈز قىرىق سەككىز كىشى؛ 16 بېبايىنىڭ
ئەۋلادلىرى ئالتە يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى؛ 17 ئازگادنىڭ ئەۋلادلىرى
ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە ئىككى كىشى؛ 18 ئادونىكامنىڭ
ئەۋلادلىرى ئالتە يۈز ئاتمىش يەتتە كىشى؛ 19 بىگۋاينىڭ ئەۋلادلىرى
ئىككى مىڭ ئاتمىش يەتتە كىشى؛ 20 ئادىنىنىڭ ئەۋلادلىرى ئالتە يۈز
ئەللىك بەش كىشى؛ 21 ھەزەكىيانىڭ جەمەتىدىن بولغان ئاتېرنىڭ
ئەۋلادلىرى توقسان سەككىز كىشى؛ 22 ھاشۇمنىڭ ئەۋلادلىرى
ئۈچ يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى؛ 23 بىزاينىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچ يۈز
يىگىرمە تۆت كىشى؛ 24 ھارىفنىڭ ئەۋلادلىرى بىر يۈز ئون ئىككى
كىشى؛ 25 گىبېئوننىڭ ئەۋلادلىرى توقسان بەش كىشى؛ 26 بەيت-
لەھەملىكلەر بىلەن نىتوفالىقلار جەمئىي بىر يۈز سەكسەن سەككىز
كىشى؛ 27 ئاناتوتلۇقلار بىر يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى؛ 28 بەيت-
ئازماۋەتلىكلەر قىرىق ئىككى كىشى. 29 كىرىئات-يېئارىملىقلار،
كەفىراھلىقلار ۋە بەئەروتلۇقلار بولۇپ جەمئىي يەتتە يۈز قىرىق ئۈچ
كىشى؛ 30 راماھلىقلار بىلەن گېبالىقلار جەمئىي ئالتە يۈز يىگىرمە
بىر كىشى؛ 31 مىكماشلىقلار بىر يۈز يىگىرمە ئىككى كىشى؛
32 بەيت-ئەللىكلەر بىلەن ئايىلىقلار جەمئىي بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ
كىشى؛ 33 ئىككىنچى بىر نېبودىكىلەر ئەللىك ئىككى كىشى؛
34 ئىككىنچى بىر ئېلامنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك
تۆت كىشى؛ 35 ھارىمنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچ يۈز يىگىرمە كىشى؛
36 يېرىخولۇقلار ئۈچ يۈز قىرىق بەش كىشى؛ 37 لود، ھادىد ۋە ئونونىڭ
ئەۋلادلىرى جەمئىي يەتتە يۈز يىگىرمە بىر كىشى؛ 38 سىنائاھنىڭ
ئەۋلادلىرى ئۈچ مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز كىشى.

---

24:7 **«ھارىف»** ـــ «ئەزرا» 18:2دە «يوراھ».

25:7 **«گىبېئون»** ـــ «ئەزرا» 20:2دە «گىببار».

37:7 **«لود، ھادىد ۋە ئونونىڭ ئەۋلادلىرى...»** ـــ ياكى «لودلۇقلار، ھادىدلىقلار ۋە ئونولۇقلار...»

## قايتىپ كەلگەن كاھىنلار ۋە لاۋىيلار
## «ئەزرا» 2:36ـ42نى كۆرۈڭ

[39] كاھىنلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: ــ يەشۇئا جەمەتىدىكى يەدايانىڭ ئەۋلادلىرى توققۇز يۈز يەتمىش ئۈچ كىشى؛ [40] ئىممەرنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مىڭ ئەللىك ئىككى كىشى؛ [41] پاشخۇرنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق يەتتە كىشى؛ [42] ھارىمنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مىڭ ئون يەتتە كىشى.

[43] لاۋىيلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: ــ خودۋاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن، يەنى يەشۇئا بىلەن كادمىيەلنىڭ ئەۋلادلىرى يەتمىش تۆت كىشى.

[44] غەزەلكەشلەردىن: ــ ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرى بىر يۈز قىرىق سەككىز كىشى.

[45] دەرۋازىۋەنلەرنىڭ نەسلىدىن: ــ شاللۇمنىڭ ئەۋلادلىرى، ئاتېرنىڭ ئەۋلادلىرى، تالموننىڭ ئەۋلادلىرى، ئاككۇبنىڭ ئەۋلادلىرى، خاتىتانىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن شوباينىڭ ئەۋلادلىرى جەمئىي بىر يۈز ئوتتۇز سەككىز كىشى.

## قايتىپ كەلگەن مۇقەددەس جاي
## ۋە شاھ جەمەتىدىكى خىزمەتكارلار
## «ئەزرا» 2:43ـ58نى كۆرۈڭ

[46] ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى تۆۋەندىكىچە: ــ زىخانىڭ ئەۋلادلىرى، خاسۇفانىڭ ئەۋلادلىرى، تاببائوتنىڭ ئەۋلادلىرى. [47] كىروسنىڭ ئەۋلادلىرى، سىيانىڭ ئەۋلادلىرى، پادوننىڭ ئەۋلادلىرى، [48] لىباناھنىڭ ئەۋلادلىرى، ھاگاباھنىڭ ئەۋلادلىرى، شالماينىڭ ئەۋلادلىرى، [49] ھانانىنىڭ ئەۋلادلىرى، گىددەلنىڭ ئەۋلادلىرى، گاھارنىڭ

7:43 **«خودۋاھ»** ــ «ئەزرا» 2:40دە «خوداۋىيا».

7:46 **«ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نەتىنىيلار». مەنىسى بەلكىم «بېغىشلانغانلار». ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بەلكىم «گىبېئونلۇقلار» ئىدى. «يەشۇئا» 9:27نى ۋە «1تار.» 9:2نى كۆرۈڭ.

7:47 **«سىيا»** ــ «ئەزرا» 2:47دە «سىياھا».

ئەۋلادلىرى، [50]رىئاياھنىڭ ئەۋلادلىرى، رەزىننىڭ ئەۋلادلىرى، نىكودانىڭ ئەۋلادلىرى، [51]گاززامنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇززانىڭ ئەۋلادلىرى، پاسىيانىڭ ئەۋلادلىرى، [52]بىسايىنىڭ ئەۋلادلىرى، مەئۇنىمنىڭ ئەۋلادلىرى، نەفۇسەسىمنىڭ ئەۋلادلىرى، [53]باكبۇكنىڭ ئەۋلادلىرى، خاكۇفانىڭ ئەۋلادلىرى، خارخۇرنىڭ ئەۋلادلىرى، [54]بازلىتنىڭ ئەۋلادلىرى، مەھىدانىڭ ئەۋلادلىرى، خارشانىڭ ئەۋلادلىرى، [55]باركوسنىڭ ئەۋلادلىرى، سىسېرانىڭ ئەۋلادلىرى، تېماھنىڭ ئەۋلادلىرى، [56]نەزىيانىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن خاتىفانىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت.

[57]سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: — سوتايىنىڭ ئەۋلادلىرى، سوفەرەتنىڭ ئەۋلادلىرى، پېرىدانىڭ ئەۋلادلىرى، [58]يائالانىڭ ئەۋلادلىرى، داركوننىڭ ئەۋلادلىرى، گىددەلنىڭ ئەۋلادلىرى، [59]شەفەتىيانىڭ ئەۋلادلىرى، خاتتىلنىڭ ئەۋلادلىرى، پوقەرەت-ھاززىبائىمنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئامۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت. [60]ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ۋە سۇلايماننىڭ خىزمەتكارى بولغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى جەمئىي ئۈچ يۈز توقسان ئىككى كىشى.

## كېلىپ چىقىشى نائېنىق كىشىلەر
## «ئەزرا» 2:59ـ63نى

[61]تۆۋەندىكى كىشىلەر تەل-مېلاھ، تەل-خارشا، كېرۇب، ئاددون، ئىممەردىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا جەمەتىنىڭ ياكى نەسەبىنىڭ ئىسرائىل ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىدى. [62]بۇلار دېلايانىڭ ئەۋلادلىرى، توبىيانىڭ ئەۋلادلىرى ۋە نىكودانىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، جەمئىي ئالتە يۈز قىرىق ئىككى كىشى؛ [63]كاھىنلاردىن خابايانىڭ ئەۋلادلىرى، كوزنىڭ ئەۋلادلىرى

52:7 **«نەفۇسەسىم»** — «ئەزرا» 2:50دە «نەفۇسىسىم».
54:7 **«بازلىت»** — ياكى «بازلۇت» «ئەزرا» 2:52.
57:7 **«پېرىدا»** — ياكى «پېرۇدا» «ئەزرا» 2:55.
59:7 **«ئامون»** — ياكى «ئامى» «ئەزرا» 2:57.

بىلەن باررزىللاينىڭ ئەۋلادلىرى بار ئىدى؛ باررزىللاي گىلېئادلىق باررزىللاينىڭ بىر قىزىنى ئالغاچقا ئۇلارنىڭ ئېتى بىلەن ئاتالغانىدى. [64]بۇلار جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىنى ئىزدەپ تاپالمىدى؛ شۇڭا ئۇلار «ناپاك» ھېسابلىنىپ كاھىنلىقتىن قالدۇرۇلدى. [65]ۋالىي ئۇلارغا: ــ ئۇرىم ۋە تۇممىمنى كۆتۈرگۈچى كاھىن ئارىمىزدا خىزمەتتە بولغۇچە «ئەڭ مۇقەددەس يېمەكلىكلەر»گە ئېغىز تەگكۈزمەيسىلەر، دېدى.

## قايتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى
## «ئەزرا» 2:64ـ67نىمۇ كۆرۈڭ

[66]پۈتۈن جامائەت جەمئىي قىرىق ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كىشى؛ [67-68]بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ يەنە يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە قۇل-دېدەكى بار ئىدى؛ يەنە ئىككى يۈز قىرىق بەش ئەر-ئايال غەزەلچىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتە ئېتى، ئىككى يۈز قىرىق بەش قېچىرى، [69]تۆت يۈز ئوتتۇز بەش تۆگىسى ۋە ئالتە مىڭ يەتتە يۈز يىگىرمە ئېشىكى بار ئىدى.

## ئىبادەتخانا ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان سوۋغاتلار
## «ئەزرا» 2:68ـ70نىمۇ كۆرۈڭ

[70]جەمەت كاتتىۋاشلىرىدىن بەزىلىرى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەدىيەلىرىنى تەقدىم قىلدى؛ ۋالىي خەزىنىگە مىڭ دارىك ئالتۇن،

63:7 **«كوزنىڭ ئەۋلادلىرى»** ــ ياكى «ھاككوزنىڭ ئەۋلادلىرى».

65:7 **«ۋالىي»** ــ ئىبرانىي تىلىدىكى «تىرشاتا»، ئەسلىدە پارس تىلى بولۇپ، مەنىسى بەلكىم «جانابلىرى». **«ئۇرىم ۋە تۇممىم»** ــ ئالاھىدە بىرخىل تاشلار. ئۇ كاھىن كىيگەن «ئەفود»نىڭ يانچۇقىدا (قوشېنىدا) تۇرىدۇ. بۇ تاشلار ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقى خۇدادىن يول سورىسا بولاتتى. «مىس.» 28:28ـ30نى كۆرۈڭ. «ئۇرىم ۋە تۇممىمنى كۆتۈرگۈچى كاھىن ئارىمىزدا خىزمەتتە بولغۇچە» ــ مەنىسى بەلكىم: (1) ئۇرىم ۋە تۇممىم بابىلدا سۈرگۈن بولغان ۋاقىتدا يوقاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ (2) تېپىلغىنى بىلەن ئۇلارغا تەبىر بېرىپ مەنىسىنى چۈشەندۈرىدىغان كاھىن تېخى چىقمىدى.

66:7 **«قىرىق ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كىشى»** ــ بۇ «ئەزرا» 2:64دىكى سانغا ئوخشاش؛ شۈبھىسىزكى، بۇ يېرۇسالېمغا يېتىپ كېلىپ، بابىلغا قايتماي، يەھۇدىيەدە ھەققىي ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ ساندۇر.

ئەللىك داس ۋە بەش يۈز ئوتتۇز قۇر كاھىن تونى تەقدىم قىلدى؛[71] جەمەت كاتتىۋاشلىرىدىن بەزىلىرى قۇرۇلۇش خەزىنىسىگە يىگىرمە مىڭ دارىك ئالتۇن، ئىككى مىڭ ئىككى يۈز مىنا كۈمۈش؛[72] خەلقنىڭ قالغىنى يىگىرمە مىڭ دارىك ئالتۇن، ئىككى مىڭ ئىككى يۈز مىنا كۈمۈش، ئاتمىش يەتتە قۇر كاھىن تونىنى تەقدىم قىلدى.[73] شۇنىڭدىن كېيىن كاھىنلار، لاۋىيلار، دەرۋازىۋەنلەر، غەزەلكەشلەر ۋە بىر قىسىم خەلق قوشۇلۇپ، ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى، شۇنداقلا قالغان ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھەممىسى ئۆز شەھەرلىرىگە ماكانلاشتى.

## تەۋراتشۇناس ئەزرانىڭ تەۋرات-قانۇن كىتابىنى ئوقۇپ بېرىشى

8 يەتتىنچى[1] ئايغا كەلگەندە، ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى ئۆز شەھەرلىرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولدى. بۇ چاغدا پۈتۈن خالايىق خۇددى بىر ئادەمدەك بولۇپ «سۇ قوۋۇقى» ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلىپ، تەۋراتشۇناس ئەزرادىن پەرۋەردىگارنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسرائىلغا تاپىلىغان تەۋرات-قانۇن كىتابىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. يەتتىنچى[2] ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى كاھىن ئەزرا تەۋرات-

70:7 **«دارىك»** ــ (ياكى «دراخما») ــ مۇشۇ يەردە پارس ئىمپېرىيەسىدىكى بىرخىل ئالتۇن تەڭگە، بىر دارىكنىڭ ئېغىرلىقى 0.4ـ0.5 گرام بولۇشى مۇمكىن؛ مۇشۇ يەردە بۇ داسلارنىڭ قىممىتى 0.4ـ0.5 كىلوگرام ئالتۇنغا باراۋەر ئىدى.

71:7 **«مىنا»** ــ بىرخىل كۈمۈش تەڭگە، 60 شەكەلگە ياكى «تالانت»تىن ئاتمىشتىن بىرىگە باراۋەر ئىدى. مۇشۇ يەردە كۈمۈشنىڭ جەمئىي ئېغىرلىقى بەلكىم 800ـ1200 كىلوگرامچە ئىدى.

73:7 **«شۇنىڭدىن كېيىن كاھىنلار، لاۋىيلار، دەرۋازىۋەنلەر، غەزەلكەشلەر... شۇنداقلا قالغان ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھەممىسى ئۆز شەھەرلىرىگە ماكانلاشتى»** ــ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بەلكىم: (1) كاھىنلار، لاۋىيلار قاتارلىقلار ئۆزىگە بېكىتىلگەن تەقسىم قىلىنغان شەھەرلىرىدە ماكان تۇتتى، ياكى يېرۇسالېمدىكى خىزمەتتە بولۇش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا يېقىن بولغان، شۇنداقلا ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان شەھەرلەردە ماكانلاشتى؛ (2) لاۋىيلاردىن باشقا ئىسرائىللار، يەنى ئون ئىككى قەبىلىدىن قايتىپ كەلگەنلەر **ئەسلىدە** ئۆزىگە خاس شەھەرلىرىگە ماكانلاشتى ياكى بېكىتىلگەن ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان شەھەرلەردە ماكانلاشتى.

—كۆپ شەھەر-يېزىلار ۋەيران بولغاچقا، ياكى يات ئەللەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاستىدا بولغاچقا، بەلكىم ھەرخىل ئىمكانىيەت تەڭ بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

قانۇن كىتابىنى جامائەتكە، يەنى ئەر-ئاياللار، شۇنداقلا ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى؛ [3] «سۇ قوۋۇقى»نىڭ ئالدىدىكى مەيداندا، ئەتىگەندىن چۈشكىچە، ئەر-ئاياللارغا، شۇنداقلا ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان كىشىلەرگە ئوقۇپ بەردى. پۈتكۈل جامائەتنىڭ قۇلاقلىرى تەۋرات-قانۇن كىتابىدىكى سۆزلەردە ئىدى. [4] تەۋراتشۇناس ئەزرا مەخسۇس مۇشۇ ئىشقا ھازىرلانغان ياغاچ مۇنبەرگە چىقىپ تۇردى؛ ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغىنى ماتتىتىيا، شېما، ئاناياھ، ئۇرىيا، ھىلقىيا بىلەن مائاسېياھلار ئىدى؛ سول تەرىپىدە تۇرغىنى پىدايا، مىشائەل، مالكىيا، ھاشوم، ھاشباددانا، زەكەرىيا بىلەن مەشۇللام ئىدى. [5] ئەزرا پۈتكۈل خالايىقنىڭ كۆز ئالدىدا كىتابنى ئاچتى، چۈنكى ئۇ پۈتۈن خالايىقتىن ئېگىزدە تۇراتتى؛ ئۇ كىتابنى ئاچقاندا، بارلىق خالايىق ئورنىدىن قوپتى. [6] ئەزرا ئۇلۇغ خۇدا بولغان پەرۋەردىگارغا مەدھىيەلەر ئوقۇۋىدى، بارلىق خالايىق قوللىرىنى كۆتۈرۈپ جاۋابەن: «ئامىن! ئامىن!» دېيىشتى؛ ئاندىن تىزلىنىپ، پېشانىسىنى يەرگە يېقىپ، پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى. [7] ئاندىن كېيىن لاۋىيلاردىن يەشۇئا، بانى، شەرەبىيا، يامىن، ئاككۇب، شابباتاي، خودىيا، مائاسېياھ، كېلىتا، ئازارىيا، يوزاباد، ھانان ۋە پېلايالار خالايىققا تەۋرات قانۇنىنى چۈشەندۈردى؛ جامائەت ئۆرە تۇراتتى. [8] ئۇلار جامائەتكە كىتابتىن خۇدانىڭ تەۋرات-قانۇنىنى جاراڭلىق ئوقۇپ بەردى ۋە ئوقۇلغاننى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئېنىق تەبىر بەردى.

---

**2:8 «يەتتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى»** — بۇ كۈن «كانايلار چېلىش ھېيتى» ئىدى. ئادەتتە شۇ ھېيت ئۈچۈن بارلىق خەلقنىڭ يېرۇسالېمغا يىغىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايتتى؛ لېكىن يەتتىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدىكى «كەفارەت كۈنى» ۋە كېيىنكى «كەپىلەر ھېيتى»دا (14-21-كۈنى) يىغىلىشى مۇقەددەس قانۇندا تەلەپ قىلىنغانىدى.

**8:8 «ئۇلار ... كىتابتىن خۇدانىڭ تەۋرات-قانۇنىنى جاراڭلىق ئوقۇپ ... چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئېنىق تەبىر بەردى»** — بۇ چۈشەندۈرۈش جەريانى، شۈبھىسىزكى، ئارامىي تىلىغا ۋە بەلكىم باشقا بىرنەچچە تىللارغا تەرجىمە قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

[9] ۋالىي نەھەمىيا بىلەن تەۋراتشۇناس كاھىن ئەزرا ۋە خەلققە قانۇنىنىڭ مەنىسىنى ئۆگىتىدىغان لاۋىيلار پۈتكۈل جامائەتكە: ــ بۈگۈن خۇدايىڭلار بولغان پەرۋەردىگارغا ئاتالغان مۇقەددەس كۈندۇر، يىغا-زار قىلماڭلار! ــ دېدى. چۈنكى خالايىقنىڭ ھەممىسى تەۋرات قانۇنىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغا-زار قىلىپ كېتىشكەنىدى.
[10] ئاندىن نەھەمىيا ئۇلارغا: ــ سىلەر بېرىپ نازۇ-نېمەتلەرنى يەپ، شەربەتلەرنى ئىچىڭلار، ئۆزىگە يېمەك-ئىچمەك تەييارلىيالمىغانلارغا يېمەك-ئىچمەك بۆلۈپ بېرىڭلار؛ چۈنكى بۈگۈن رەببىمىزگە ئاتالغان مۇقەددەس بىر كۈندۇر. غەمكىن بولماڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ شادلىقى سىلەرنىڭ كۈچۈڭلاردۇر، دېدى. [11] لاۋىيلارمۇ: ــ بۈگۈن مۇقەددەس كۈن بولغاچقا، تىنچلىنىڭلار، غەمكىن بولماڭلار! ــ دەپ جامائەتنى تىنچلاندۇردى. [12] جامائەت قايتىپ بېرىپ، يەپ-ئىچىشتى، باشقىلارغىمۇ يېمەك-ئىچمەك ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، شاد-خۇراملىققا چۆمدى؛ چۈنكى ئۇلار بېرىلگەن تەلىم سۆزلىرىنى چۈشەنگەنىدى.

## «كەپىلەر ھېيتى» ئۆتكۈزۈش

[13] ئەتىسى خالايىق ئىچىدىكى قەبىلە كاتتىۋاشلىرى، كاھىنلار ۋە لاۋىيلار تەۋراتشۇناس ئەزرانىڭ يېنىغا يىغىلىپ، تەۋرات قانۇنىدىكى سۆزلەرنى تېخىمۇ چۈشىنىپ يەم-پاراسەتكە ئېرىشمەكچى بولدى.
[14] ئۇلار تەۋرات قانۇنىدا پەرۋەردىگار مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسرائىللارغا يەتتىنچى ئايدىكى ھېيتتا كەپىلەردە تۇرۇشنى كېرەكلىكى پۈتۈلگەنلىكىنى ئۇقتى، [15] شۇنداقلا ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان بارلىق شەھەرلەردە ۋە يېرۇسالېمدا: «سىلەر تاغقا چىقىپ، زەيتۇن شېخى بىلەن ياۋا زەيتۇن شاخلىرىنى، خاداس ئۈجمە شاخلىرىنى، خورما دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىنى ۋە يوپۇرماقلىرى باراقسان دەرەخ شاخلىرىنى ئەكىلىپ، تەۋراتتا يېزىلغىنىدەك كەپىلەرنى ياساڭلار» دېگەنلىكىنى تارقىتىپ جاركالاشنى بۇيرۇغانلىقىنى

**14:8** مىس. 16:23؛ لاۋ. 34:23؛ چۆل. 12:29-39؛ قان. 13:16، 14، 15

ئۆقتى. [16] شۇنىڭ بىلەن خالايىق چىقىپ شاخ ئەكىلىپ ئۆزلىرى ئۆچۈن، ھەربىرى ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىدە، ھويلىلىرىدا، خۇدانىڭ ئۆيىدىكى ھويلىلاردا، «سۇ قوۋۇقى»نىڭ چوڭ مەيدانىدا ۋە «ئەفرائىم دەرۋازىسى»نىڭ چوڭ مەيدانىدا كەپىلەرنى ياساپ تىكتى. [17] سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەن پۈتكۈل جامائەت كەپىلەرنى ياساپ تىكتى ۋە شۇنداقلا كەپىلەرگە جايلاشتى؛ نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئانىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپ شۇ كۈنگىچە ئىسرائىللار ئۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى. ھەممەيلەن قاتتىق خۇشال بولۇشتى. [18] بىرىنچى كۈندىن ئاخىرقى كۈنگىچە ئەزرا ھەركۈنى خۇدانىڭ تەۋرات-قانۇن كىتابىنى ئوقۇدى. ئۇلار يەتتە كۈن ھېيت ئۆتكۈزدى؛ سەككىزىنچى كۈنى بەلگىلىمە بويىچە تەنتەنىلىك ئىبادەت يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلقنىڭ روزا تۇتۇپ گۇناھىنى تونۇشى

9 [1] شۇ ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى ئىسرائىللار روزا تۇتۇپ، بوز كىيىپ، ئۇستى-بېشىغا توپا چاچقان ھالدا يىغىلدى؛ [2] ئىسرائىل نەسلى ئۆزلىرىنى بارلىق يات تائىپىلەردىن ئايرىپ چىقتى، ئاندىن ئۆرە تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن قەبىھلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. [3] ئۇلار شۇ كۈننىڭ تۆتتىن بىرىدە ئۆز يېرىدە تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات-قانۇن كىتابىنى ئوقۇدى؛ كۈننىڭ يەنە تۆتتىن بىرىدە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تونۇدى ۋە خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى. [4] لاۋىيلاردىن يەشۇئا، بانى، كادمىيەل، شەبانىيا، بۇننى، شەرەبىيا، بانى ۋە كېنانىلار پەلەمپەيلەردە تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن نىدا قىلدى.

---

15:8 «...تەۋراتتا يېزىلغىنىدەك كەپىلەرنى ياساڭلار» دېگەنلىكىنى تارقىتىپ جاركالاشنى بۇيرۇغانلىقىنى ئۇقتى» — بەلگىلىمە «لاۋ.» 23:34-44، «قان.» 16:13-17نى كۆرۈڭ.
4:9 «لاۋىيلاردىن يەشۇئا، بانى، كادمىيەل، شەبانىيا، بۇننى، شەرەبىيا، بانى ۋە كېنانىلار

## ھەمدۇسانا ۋە دۇئا

5 لاۋىي يەشۇئا، كادمىيەل، بانى، ھاشابنىيا، شەرەبىيا، خودىيا،
شەبانىيا ۋە پېتاھىيالار: «ئورنۇڭلاردىن قوپۇپ خۇدايىڭلار بولغان
پەرۋەردىگارغا ئەبەدىلئەبەدگىچە تەشەككۇر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار» —
دېدى ۋە مۇنداق دۇئا-ھەمدۇسانا ئوقۇدى: —
«ئى خۇدا، ئىنسانلار سېنىڭ شانۇ-شەۋكەتلىك نامىڭنى ئۇلۇغلىسۇن!
بەرھەق، بارلىق تەشەككۇر-مەدھىيىلەر نامىڭغا يېتىشمەيدۇ! 6 سەن،
پەقەت سەنلا پەرۋەردىگاردۇرسەن؛ ئاسمانلارنى، ئاسمانلارنىڭ ئاسمىنىنى
ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىنى، يەر ۋە يەر ئۈستىدىكى ھەممىنى،
دېڭىزلار ۋە ئۇلار ئىچىدىكى ھەممىنى ياراتقۇچىدۇرسەن؛ سەن بۇلارنىڭ
ھەممىسىگە ھاياتلىق بەرگۈچىسەن، ئاسمانلارنىڭ بارلىق قوشۇنلىرى
ساڭا سەجدە قىلغۇچىدۇر. 7 سەن بەرھەق پەرۋەردىگار خۇدادۇرسەن،
سەن ئابرامنى تاللىدىڭ، ئۇنى كالدىيەنىڭ ئۇر شەھىرىدىن ئېلىپ
چىقتىڭ، ئۇنىڭغا ئىبراھىم دېگەن نامنى ئاتا قىلدىڭ. 8 سەن ئۇنىڭ
قەلبىنىڭ ئۆزۈڭگە سادىق-ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ
بىلەن ئەھدە تۈزۈپ قانائانىيلارنىڭ، ھىتتىيلارنىڭ، ئامورىيلارنىڭ،
پەرىززىيلەرنىڭ، يەبۇسىيلارنىڭ ۋە گىرگاشىيلارنىڭ زېمىنىنى ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرىغا تەقدىم قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدىڭ؛ سەن ھەققانىي
بولغانلىقىڭدىن، سۆزلىرىڭنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ.

**پەلەمپەيلەردە تۇرۇپ،...»** — ياكى «يەشۇئا، بانى، ... ۋە كېنانىلار لاۋىيلارنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرۇپ،...».

6:9 **«سەن، پەقەت سەنلا پەرۋەردىگاردۇرسەن»** — ئىبرانىي تىلىدا: «سەن، پەقەت سەنلا ئى پەرۋەردىگار، «ئۇ»دۇرسەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن پەقەت بىر «ئۇ» باردۇر.

6:9 يار. 1؛ زەب. 6:146؛ روس. 15:14؛ 24:17؛ ۋەھ. 7:14

7:9 **«سەن بەرھەق پەرۋەردىگار خۇدادۇرسەن»** — ئىبرانىي تىلىدا: «بەرھەق، ئى پەرۋەردىگار خۇدا، سەن «ئۇ»دۇرسەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. 6-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ. **«ئۇنىڭغا ئىبراھىم دېگەن نامنى ئاتا قىلدىڭ»** — «يار.» 1:17نى كۆرۈڭ.

7:9 يار. 31:11، 32؛ 1:12

8:9 يار. 7:12؛ 15:13؛ 18،6:15؛ 8:17؛ 4:26

[9] سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مىسىردا جەبىر-زۇلۇم چېكىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قىزىل دېڭىز بويىدىكى نالىسىغا قۇلاق سالدىڭ.
[10] سەن مىسىرلىقلارنىڭ ئۇلارغا قانداق يوغانچىلىق بىلەن
مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىلگىنىڭدىن كېيىن پىرەۋن، ئۇنىڭ
بارلىق خىزمەتچىلىرى ۋە ئۇنىڭ زېمىنىدىكى بارلىق خەلققە
مۆجىزىلىك ئالامەت ۋە كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن
بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ بىر نام-شۆھرەتنى تى
كلىدىڭ. [11] سەن يەنە ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئالدىدا دېڭىزنى بۆلۈپ،
ئۇلار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇق يەر ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆتتى؛
ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەنلەرنى چوڭقۇر دېڭىز تېگىگە تاشلاپ غەرق
قىلىۋەتتىڭ، خۇددى جۇشقۇنلۇق دېڭىزغا تاشلانغان تاشتەك غەرق قى
لدىڭ. [12] سەن ئۇلارنى كۈندۈزى بۇلۇت تۈۋرۈكى بىلەن، كېچىسى ئوت
تۈۋرۈكى بىلەن يېتەكلىدىڭ، بۇلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان
يولىنى يورۇتۇپ بەردىڭ. [13] سەن سىناي تېغىغا چۈشۈپ، ئاسماندا
تۇرۇپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارغا توغرا ھۆكۈم، ھەقىقىي
ئىشەنچلىك قانۇنلار، ياخشى بەلگىلىمىلەر ۋە ئەمرلەرنى ئاتا قىل
دىڭ. [14] سەن ئۇلارغا ئۆزۈڭنىڭ مۇقەددەس شابات كۈنۈڭنى تونۇتتۇڭ،
قۇلۇڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا ئەمرلەر، بەلگىلىمىلەر
ۋە تەۋرات قانۇنىنى تاپىلىدىڭ. [15] سەن ئۇلارغا ئاچ قالغاندا يېسۇن
دەپ ئاسماندىن نان، ئۇسسىغاندا ئىچسۇن دەپ قورام تاشتىن سۇ
چىقىرىپ بەردىڭ؛ سەن ئۇلارغا بېرىشكە قولۇڭنى كۆتۈرۈپ قەسەم
قىلغان ئەشۇ زېمىننى كىرىپ ئىگىلەڭلار، دېدىڭ. [16] لېكىن ئۇلار،
يەنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز مەغرۇرلىنىپ، بوينى قاتتىقلىق قىلىپ

**9:9** مىس. 7:3؛ 10:14

**10:9** مىس. 7؛ 8؛ 9؛ 10؛ 11؛ 12؛ 14

**11:9** مىس. 31-22:14

**12:9** مىس. 21:13؛ 19:14؛ 38:40؛ زەب. 39:105

**13:9** مىس. 20:19؛ 21-1:20

**15:9** مىس. 14:16؛ 6:17؛ چۆل. 9:20

ئەمرلىرىڭگە قۇلاق سالمىدى. [17] ئۇلار ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلدى،
سېنىڭ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياراتقان كارامەت مۆجىزىلىرىڭنى
ياد ئەتمىدى، بەلكى بويىنى قاتتىقلىق قىلدى، ئاسىيلىق قىلىپ،
قۇل قىلىنغان جايغا كەتمەكچى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا يولباشچى
تىكلىدى. لېكىن سەن ئەپۇچان، مېھىر-شەپقەتلىك ھەم رەھىمدىل،
ئاسان غەزەپلەنمەيدىغان، زور مېھىر-مۇھەببەتلىك تەڭرىدۇرسەن؛
شۇڭا سەن ئۇلارنى تاشلىۋەتمىدىڭ. [18] ئۇلار ھەتتا تېخى ئۆزلىرىگە
بىر قۇيما موزاينى ياساپ: «مانا بۇ سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ
چىققان ئىلاھ!» دېگەن ۋاقتىدا ھەم قاتتىق كۇپۇرلۇق قىلغىنىدا،
[19] سەن تولىمۇ رەھىمدىل بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى يەنىلا باياۋاندا
تاشلاپ قويمىدىڭ؛ كۈندۈزى بۇلۇت تۈۋرۈكى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن نېرى
كەتمەي، ئۇلارغا يول باشلىدى؛ كېچىسى ئوت تۈۋرۈكىمۇ ئۇلاردىن
نېرى كەتمەي، ئۇلارغا نۇر بېرىپ، ماڭىدىغان يولىنى كۆرسەتتى.
[20] سەن ئۆزۈڭنىڭ مېھرىبانە روھىڭنى چۈشۈرۈپ ئۇلارغا تەلىم بەردىڭ؛
سەن ئۇلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن «ماننا»نى ئايىمىدىڭ، ئۇسسۇزلۇقىنى
قاندۇرۇش ئۈچۈن سۇنى بەردىڭ. [21] سەن ئۇلارنى باياۋاندا قىرىق
يىل قامداپ كەلدىڭ؛ ھېچنېمىسى كەم بولمىدى، كىيىملىرى
كونىرىمىدى، پۇتلىرىمۇ ئىششىمىدى. [22] سەن پادىشاھلىقلار ۋە
تائىپىلەرنى ئۇلارنىڭ قولىغا بەردىڭ، بۇلارنى ئۇلارنىڭ زېمىنىغا
چېگرالار قىلىپ بەردىڭ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىھون پادىشاھنىڭ
زېمىنىنى، ھەشبوننىڭ پادىشاھىنىڭ زېمىنىنى ۋە باشان پادىشاھى

**17:9** مىس. 7:34؛ چۆل. 18،4:14؛ زەب. 5:86

**18:9** مىس. 32

**19:9** مىس. 22:13؛ 38:40

**20:9** چۆل. 17:11؛ يە. 12:5

**21:9** قان. 7:2؛ 4:8؛ 5:29

ئۇگىنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىدى. [23] سەن ئۇلارنىڭ پەرزەنت-ئەۋلادلىرىنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك ئاۋۇتتۇڭ؛ سەن ئۇلارنى ئاتا-بوۋىلىرىغا: «سىلەر بۇ زېمىننى ئىگىلەشكە ئۇنىڭغا كىرىڭلار» دەپ تەقدىم قىلغان زېمىنغا باشلاپ كىردىڭ. [24] ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كىرىپ ئۇ زېمىننى ئىگىلىدى؛ سەن ئۇ زېمىندا تۇرۇۋاتقان قانائان ئاھالىسىنى ئۇلارغا بېقىندۇردۇڭ ھەم زېمىندىكى پادىشاھلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلە-قوۋملىرىنى: «سىلەر ئۇلارغا خالىغانچە مۇئامىلە قىلىڭلار» دەپ ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردۇڭ. [25] ئۇلار مۇستەھكەم شەھەرلەرنى، مۇنبەت يەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ھەرخىل ئېسىل بۇيۇملارغا تولغان ئۆيلەرگە، كولاپ قويۇلغان قۇدۇقلارغا، ئۈزۈمزارلىقلار، زەيتۇنلۇقلار ۋە ئىنتايىن كۆپ مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئىگە بولدى؛ يەپ-ئىچىپ سەمرىپ، سېنىڭ زور مېھرىبانلىقىڭدىن سۆيۈنۈشتى!
[26] لېكىن ئۇلار گەدەنكەشلىك قىلىپ سېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، تەۋرات قانۇنۇڭنى ئارقىسىغا تاشلىدى، ئۇلارنى يېنىڭغا ياندۇرماق ئۈچۈن ئاگاھ-گۇۋاھلىق يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلىرىڭنى ئۆلتۈرۈپ ئەشەددىي كۇپۇرلۇق قىلدى. [27] شۇڭا سەن ئۇلارنى جەبىر-زۇلۇم سالغۇچىلارنىڭ قولىغا تاپشۇردۇڭ، دەرۋەقە ئۇلار ئۇلارنى قىيىندى؛ ئۇلار قىينالغان ۋاقىتلىرىدا ساڭا يالۋۇرۇشقانىدى، سەن ئاسمانلاردا تۇرۇپ ئۇلارغا قۇلاق سالدىڭ، زور رەھىمدىللىقىڭ بويىچە ئۇلارغا قۇتقۇزغۇچىلارنى ئەۋەتتىڭ، ئۇلار بۇلارنى ئەزگۈچىلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزاتتى.
[28] لېكىن ئۇلار ئارامىلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە سېنىڭ ئالدىڭدا رەزىللىك قىلىشقا باشلىۋىدى، سەن ئۇلارنى يەنە دۈشمەنلىرىنىڭ

22:9 «سىھون پادىشاھنىڭ زېمىنىنى، ھەشبوننىڭ پادىشاھىنىڭ زېمىنىنى...» — ياكى «سىھون پادىشاھنىڭ زېمىنىنى، يەنى ھەشبوننىڭ پادىشاھىنىڭ زېمىنىنى...»

22:9 چۆل. 21:21، 33

23:9 يار. 17:22

24:9 يە. 1-13

26:9 1پاد. 4:18؛ 10:19؛ 2تار. 20:24، 21

27:9 ھاك. 2:14-23

قولىغا تاپشۇردۇڭ، ئۇلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛
ئۇلار يەنە سېنىڭ ئالدىڭدا نالە-پەريات قىلىشۇۋىدى، سەن ئاسمانلاردا
تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ، رەھىمدىللىقلىرىڭ بويىچە ئۇلارنى يېنىش-
يېنىشلاپ قۇتقۇزدۇڭ. [29] سەن ئۇلارنى ئۆزۈڭنىڭ تەۋرات-قانۇنۇڭغا
قايتىشقا ئاگاھلاندۇردۇڭ؛ لېكىن ئۇلار مەغرۇرلىنىپ، ئەمرلىرىڭگە
قۇلاق سالمىدى، ھۆكۈملىرىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلدى (ئىنسان
ھۆكۈملىرىڭگە ئەمەل قىلسا، ئۇلار شۇ سەۋەبتىن ھاياتتا بولىدۇ).
ئۇلار جاھىللىق بىلەن بويىنىنى تولغاپ، گەدەنكەشلىك قىلىپ ساڭا
قۇلاق سېلىشنى رەت قىلدى. [30] ئۇلارغا ئۇزۇن يىل سەۋر-تاقەت قىلدىڭ،
روھىڭ پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاگاھ-گۇۋاھلىق بەرگەن
بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا قۇلاق سالمىدى؛ شۇڭا سەن ئۇلارنى ھەرقايسى
ئەل-يۇرتلاردىكى تائىپىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇردۇڭ. [31] ھالبۇكى، سەن
زور رەھىمدىللىقلىرىڭ تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ نەسلىنى پۈتۈنلەي
قۇرۇتۇۋەتمىدىڭ ھەم ئۇلارنى تاشلىۋەتمىدىڭ؛ چۈنكى سەن مېھرى-
شەپقەتلىك ھەم رەھىمدىل تەڭرىدۇرسەن.
[32] ئەمدى ئاھ خۇدايىمىز، ئەھدەڭدە تۇرۇپ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى
كۆرسىتىدىغان ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ۋە دەھشەتلىك تەڭرى، ئەمدى
سېنىڭدىن بىزنىڭ، پادىشاھلىرىمىزنىڭ ۋە ئەمىرلىرىمىزنىڭ،
كاھىنلىرىمىزنىڭ، پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ
شۇنداقلا ئۆزۈڭنىڭ بارلىق خەلقىڭنىڭ ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ
زامانىدىن بۈيان بۈگۈنگىچە بېشىمىزغا چۈشكەن بارلىق
ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كىچىك ئىش دەپ قارىماسلىقىڭنى
ئۆتۈنىمىز. [33] بېشىمىزغا كەلگەن بارلىق ئىشتا سەن ئادىلسەن؛ چۈنكى

29:9 **«ئىنسان ھۆكۈملىرىڭگە ئەمەل قىلسا، ئۇلار شۇ سەۋەبتىن ھاياتتا بولىدۇ»** — بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «ھايات» پەقەت جىسمانىي ھاياتنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي، روھىي ھاياتنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. **«ئۇلار جاھىللىق بىلەن بويىنىنى تولغاپ...»** — ئىبرانىي تىلدا «ئۇلار مۈرىسىنى جاھىل قىلىپ...».

**29:9** لاۋ. 5:18؛ ئەز. 11:20؛ رىم. 5:10؛ گال. 12:3

**30:9** 2پاد. 13:17؛ 2تار. 15:36

سېنىڭ قىلغىنىڭ ھەقىقەت بويىچە بولدى، بىزنىڭ قىلغىنىمىز
رەزىللىكتۇر. [34] پادىشاھلىرىمىز، ئەمىرلىرىمىز، كاھىنلىرىمىز
بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سېنىڭ تەۋرات قانۇنۇڭغا
ئەمەل قىلماي، ئەمرلىرىڭگە ۋە سېنىڭ ئۇلارغا ئىسپاتلاپ بەرگەن
ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭغا ھېچ قۇلاق سالمىدى. [35] ئۇلار سەن ئۇلارغا
مۇيەسسەر قىلغان پادىشاھلىقتا تۇرۇشتىن، ئۇلارغا ئاتا قىلغان
زور مەمۇرچىلىقتىن ۋە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا يايغان بۇ كەڭ
مۇنبەت زېمىندىكى تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار سېنىڭ ئىبادەت-خىزمىتىڭدە بولمىدى ياكى ئۆزلىرىنىڭ
رەزىل قىلمىشلىرىدىن يانمىدى. [36] مانا، بىز بۈگۈن قۇللارمىز! سەن
مېۋىسى بىلەن نازۇ-نېمەتلىرىدىن يېيىشكە ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا
تەقدىم قىلىپ بەرگەن زېمىندا تۇرساقمۇ، بىز مانا ئۇنىڭدا قۇل بولۇپ
قالدۇق! [37] زېمىن سەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بىزنى ئىدارە
قىلىشقا بېكىتكەن پادىشاھلارغا مول مەھسۇلاتلىرىنى بېرىپ
تۇرىدۇ؛ ئۇلار بەدەنلىرىمىزنى ھەم چارۋا ماللىرىمىزنى ئۆز مەيلىچە
باشقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ؛ بىز زور دەرد-ئەلەمدە بولدۇق».
[38] «ــ بىز مانا مۇشۇ بارلىق ئىشلار تۈپەيلى مۇقىم بىر ئەھدىنى تۈزۈپ
يېزىپ چىقتۇق؛ ئەمىرلىرىمىز، لاۋىيلىرىمىز بىلەن كاھىنلىرىمىز
بۇنىڭغا ئۆز مۆھۈرلىرىنى باستى».

## مۆھۈر باسقانلار

10 [1] بۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ مۆھۈر باسقانلار ھاقالىيانىڭ
ئوغلى، ۋالىي نەھەمىيا بىلەن زەدەكىيا ئىدى؛ [2] ئاندىن

33:9 قان. 4:32؛ دان. 14:9

1:10 **«بۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ مۆھۈر باسقانلار ... ۋالىي نەھەمىيا بىلەن زەدەكىيا ئىدى»** ــ زەدەكىيامۇ كاھىن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. 8-ئايەتنى كۆرۈڭ (نەھەمىيادىن باشقا بۇ تىزىملىكتىكى ئادەملەر ھەممىسى كاھىنلار ئىدى).

كاھىنلاردىن سىرايا، ئازارىيا، يەرەمىيا، [3] پاشخۇر، ئامارىيا،
مالكىيا، [4] ھاتتۇش، شەبانىيا، ماللۇق، [5] ھارىم، مەرەموت،
ئوبادىيا، [6] دانىيال، گىننىتون، بارۇق، [7] مەشۇللام، ئابىيا، مىيامىن،
[8] مائازىياھ، بىلگاي، شېمايالار؛ ئۇلار كاھىنلار ئىدى.
[9] لاۋىيلاردىن: ــ ئازانىيانىڭ ئوغلى يەشۇئا، ھېنادادنىڭ ئەۋلادلىرىدىن
بىننۇئى بىلەن كادمىيەل [10] ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىدىن شەبانىيا،
خودىيا، كېلىتا، پېلايا، ھانان، [11] مىكا، رەخوب، ھاشابىيا، [12] زاككۇر،
شەرەبىيا، شەبانىيا، [13] خودىيا، بانى، بېنىنۇ ئىدى.
[14] جامائەت باشلىقلىرىدىن: پاروش، پاھات-موئاب، ئېلام، زاتتۇ، بانى،
[15] بۇننى، ئازگاد، بىباي، [16] ئادونىيا، بىگۋاي، ئادىن، [17] ئاتىر، ھەزەكىيا،
ئاززۇر، [18] خودىيا، ھاشۇم، بىزاي، [19] ھارىف، ئاناتوت، نىباي، [20] ماگپىياش،
مەشۇللام، ھېزىر، [21] مەشەزابەل، زادوك، ياددۇئا، [22] پېلاتىيا، ھانان،
ئانايا، [23] ھوشىيا، ھانانىيا، ھاششۇب، [24] ھاللوخەش، پىلخا، شوبەك،
[25] رەھۇم، ھاشابناھ، مائاسېياھ، [26] ئاخىياھ، ھانان، ئانان، [27] ماللۇق،
ھارىم، بائاناھلار ئىدى.

## ئەھدىنىڭ مەزمۇنى: ــ تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىش

[28] قالغان خەلق: ــ كاھىنلار، لاۋىيلار، دەرۋازىۋەنلەر، غەزەلكەشلەر،
ئىبادەتخانىنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنى
زېمىنلاردىكى تائىپىلەردىن ئايرىپ چىقىپ، خۇدانىڭ تەۋرات
قانۇنىغا قايتقانلارنىڭ ھەربىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە ئوغۇل-
قىز پەرزەنتلىرى قاتارلىق ھىدايەت تېپىپ يورۇتۇلغانلارنىڭ
ھەممىسى [29] ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان مۆتىۋەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ:
«ئۆزىمىزنى قارغىش قەسىمى بىلەن ئەھدىگە باغلاپ، خۇدانىڭ
قۇلى مۇسا ئارقىلىق جاكارلىغان تەۋرات قانۇنىدا مېڭىپ، رەببىمىز
پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەمرلىرى، ھۆكۈم-بەلگىلىمىلىرىنى تۇتۇپ
ئەمەل قىلىمىز؛ [30] قىزلىرىمىزنى بۇ يۇرتتىكى يات ئەللىكلەرگە
ياتلىق قىلمايمىز ھەم ئوغۇللىرىمىزغىمۇ ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ

بەرمەيمىز؛ [31]بۇ يۇرتتىكى يات ئەللىكلەر شابات كۈنىدە مال-تاۋار
ۋە ئاشلىقلىرىنى ئەكىلىپ ساتماقچى بولسا، شابات كۈنلىرى ياكى
ھەرقايسى باشقا مۇقەددەس كۈنلەردىمۇ ئۇلاردىن قەتئىي ھېچنېمە
سېتىۋالمايمىز؛ ھەر يەتتىنچى يىلى يەرنى تېرىقسىز ئاق قالدۇرىمىز
ھەم بارلىق قەرزلەرنى كەچۈرۈم قىلىمىز» ــ دېيىشتى.

## مۇقەددەس ئۆيگە تەقدىم بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر

[32]بىز يەنە ئۆزىمىزگە ھەربىر ئادەم ھەر يىلى خۇدايىمىزنىڭ
ئۆيىنىڭ خىزمەت خىراجىتى ئۈچۈن ئۈچتىن بىر شەكەل كۈمۈش
بېرىشكە بەلگىلىمىلەرنى بېكىتتۇق؛ [33]بۇ پۇل «تىزىلىدىغان
تەقدىم نان»لار، دائىمىي ئاشلىق ھەدىيەلىرى، دائىمىي كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلار، شابات كۈنى بىلەن يېڭى ئايلاردىكى كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلار، قەرەلى بېكىتىلگەن ھېيتلاردا قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلار ئۈچۈن، ھەرخىل مۇقەددەس بۇيۇملار ئۈچۈن، ئىسرائىلغا
كەفارەت كەلتۈرىدىغان گۇناھ قۇربانلىقلىرى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك
خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن
ئىشلىتىلسۇن دەپ بەلگىلەندى. [34]بىز يەنە ئاتا جەمەتلىرىمىز
بويىچە كاھىنلار، لاۋىيلار ۋە خەلق ئارىسىدا چەك تاشلاپ، ھەر
يىلى بەلگىلەنگەن قەرەلدە خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىگە تەۋرات قانۇنىدا
پۈتۈلگىنىدەك پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ قۇربانگاھىدا قالاش
ئۈچۈن ئوتۇن يەتكۈزۈپ بېرىش نۆۋەتلىرىنى بېكىتتۇق؛ [35]يەنە ھەر
يىلى ئېتىزىمىزدىكى تۇنجى پىشقان ھوسۇلنى، ھەممە مېۋىلىك
دەرەخلەرنىڭ تۇنجى پىشقان مېۋىلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە
يەتكۈزۈپ بېرىشنى، [36]شۇنداقلا تەۋرات قانۇنىدا پۈتۈلگىنىدەك،

**30:10** مىس. 16:34؛ قان. 3:7

**31:10** مىس. 10:20؛ 10:23؛ 21:34؛ لاۋ. 2:23؛ 2:25؛ قان. 1:5-15

**33:10** چۆل. 29:28

**35:10** مىس. 19:23؛ لاۋ. 23:19

تۇنجى ئوغلىمىزنى ۋە كالا، قوي-ئوغلاق پادىلىرىدىن تۇنجى
چارپىيىمىزنى خۇدانىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئۇ ئۆيدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان
كاھىنلارغا ئەپكېلىشنى، 37 ھەربىر يېڭى خېمىرنىڭ دەسلەپ پىشقان
نانلىرىدىن بىرنى، شۇنداقلا بارلىق «كۆتۈرمە ھەدىيە»لىرىمىزنى
تەقدىم قىلىشنى، ھەرخىل دەرەخلەردىن دەسلەپكى پىشقان
مېۋىلەرنى، يېڭى شاراب، يېڭى زەيتۇن مېيىنى خۇدايىمىزنىڭ
ئۆيىنىڭ خەزىنە-ئامبارلىرىغا ئاپىرىپ بېرىشنى، يەنى كاھىنلارغا
يەتكۈزۈپ بېرىشنى، شۇنىڭدەك ئېتىزلىرىمىزدىن چىققان ھوسۇلنىڭ
ئوندىن بىرى بولغان ئۆشرىنى لاۋىيلارغا بېرىشنى بېكىتتۇق؛ لاۋىيلار
بىزنىڭ تېرىقچىلىققا تايىنىدىغان شەھەرلىرىمىزدىن چىققان
ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرى بولغان ئۆشرىنى تاپشۇرۇۋالسۇن دەپ
بېكىتتۇق؛ 38 شۇنىڭدەك، لاۋىيلار چىققان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى
تاپشۇرۇۋالغان چاغدا ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن كاھىن بولغان بىرسى
ئۇلار بىلەن بىللە بولسۇن، لاۋىيلار ئەشۇ ئوندىن بىر ئۈلۈشنىڭ يەنە
ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ئايرىپ خۇدانىڭ ئۆيىگە، ئۇنىڭ خەزىنە-
ئامبارلىرىغا ساقلاشقا تاپشۇرسۇن دەپ بەلگىلىدۇق. 39 ئىسرائىللار
بىلەن لاۋىيلار ئاشلىقتىن، يېڭى شارابتىن، يېڭى زەيتۇن مېيىدىن
«كۆتۈرمە ھەدىيە» قىلىپ مۇقەددەس جايدىكى ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر
ساقلىنىدىغان خەزىنە-ئامبارلارغا، يەنى ۋەزىپە ئۆتەيدىغان كاھىن،
دەرۋازىۋەن ۋە غەزەلكەشلەر تۇرىدىغان جايغا تاپشۇرۇشى كېرەك.
بىز خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ھاجەتلىرىدىن ھەرگىز ئۆزىمىزنى
تارتمايمىز!

---

**36:10** مس. 2:13؛ چۆل. 13:3؛ 17:8

**37:10 «ھەربىر يېڭى خېمىرنىڭ دەسلەپ پىشقان نانلىردىن بىرنى»** ــ بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «سىلەر دەسلەپكى ھوسۇلدىن چىققان ئۇندىن،... (تەقدىم قىلىشنى بېكىتتۇق)». بىراق «ئەز.» 44:30دىكى مەنىسىدىن قارىغاندا تەرجىمىمىز توغرا بولۇشى مۇمكىن.

**37:10** لاۋ. 17:23؛ چۆل. 19:15؛ 12:18، 24، 25؛ قان. 4:18

**38:10** چۆل. 26:18

**39:10 «ئىسرائىللار بىلەن لاۋىيلار ئاشلىقتىن، يېڭى شارابتىن،...»** ــ ئىبرانيي تىلىدا مۇشۇ

## مەنسەپدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ جايلىشىشى

11 [1]ئۇ چاغدا خەلق ئىچىدىكى ئەمىرلەر يېرۇسالېمدا تۇراتتى؛
قالغان پۇقرالار چەك تاشلىنىش بىلەن ئوندىن بىرى مۇقەددەس
شەھەر يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىشىپ، قالغان ئوندىن توققۇزى باشقا
شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشتى. [2]ئۆز ئىختىيارى بىلەن يېرۇسالېمدا
ئولتۇراقلىشىشقا ئوتتۇرىغا چىققانلارغا بولسا، جامائەت ئۇلارغا
بەخت-بەرىكەت تىلىدى. [3-4]يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىن، يېرۇسالېمغا
ماكانلىشىپ قالغان بەگ-ئەمىرلەر تۆۋەندىكىدەك (ئىسرائىللار،
كاھىنلار، لاۋىيلار، ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ۋە سۇلايماننىڭ
خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى يەھۇدىيە شەھەرلىرىدە، ھەربىرى ئۆز
تەۋەلىكىدە ماكانلاشقان بولسىمۇ، يەھۇدالاردىن ۋە بىنيامىنلاردىن
بەزىلىرى يېرۇسالېمدا ماكانلاشتى): — بۇلارنىڭ ئىچىدە،
يەھۇدالاردىن: — پەرەزنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئۇززىيانىڭ ئوغلى ئاتايا؛
ئۇززىيا زەكەرىيانىڭ ئوغلى، زەكەرىيا ئامارىيانىڭ ئوغلى، ئامارىيا
شەفاتىيانىڭ ئوغلى، شەفاتىيا ماھالالېلنىڭ ئوغلى ئىدى. [5]يەنە
بارۇقنىڭ ئوغلى مائاسېياھ؛ بارۇق كول-ھوزەھنىڭ ئوغلى، كول-
ھوزەھ ھازايانىڭ ئوغلى، ھازايا ئادايانىڭ ئوغلى، ئادايا يوئارىبنىڭ
ئوغلى، يوئارىب زەكەرىيانىڭ ئوغلى، زەكەرىيا شىلونىنىڭ ئوغلى.
[6]يېرۇسالېمغا ماكانلاشقان بارلىق پەرەز جەمەتىدىكىلەر جەمئىي تۆت
يۈز ئاتمىش سەككىز كىشى بولۇپ، ھەممىسى ئەزىمەتلەر ئىدى.
[7]بىنيامىننىڭ ئەۋلادلىرىدىن: — مەشۇللامنىڭ ئوغلى ساللۇ؛
مەشۇللام يوئەدنىڭ ئوغلى، يوئەد پېدايانىڭ ئوغلى، پېدايا كولايانىڭ
ئوغلى، كولايا مائاسېياھنىڭ ئوغلى، مائاسېياھ ئىتىيەلنىڭ ئوغلى،
ئىتىيەل يەشايانىڭ ئوغلى. [8]ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر، گابباي ۋە ساللاي

---

جۈملىنىڭ بېشىدا «چۈنكى» باردۇر.

5:11 **«زەكەرىيا شىلونىنىڭ ئوغلى»** — بەزى تەرجىملەردە «زەكەرىيا شىلاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ (يار.» 12:46، «چۆل.» 20:26نى كۆرۈڭ).

ئىدى؛ شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك جەمئىي توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى ئىدى. 9 زىكرىنىڭ ئوغلى يوئېل ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار ئىدى؛ سىنۇئاھنىڭ ئوغلى يەھۇدا شەھەرنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئىدى.
10 كاھىنلاردىن: ــ يوئارىبنىڭ ئوغلى يەدايا بىلەن ياقىن، 11 شۇنداقلا خۇدانىڭ ئۆيىنىڭ باش غوجىدارى سېرايا؛ سېرايا ھىلقىيانىڭ ئوغلى، ھىلقىيا مەشۇللامنىڭ ئوغلى، مەشۇللام زادوكنىڭ ئوغلى، زادوك مېرايوتنىڭ ئوغلى، مېرايوت ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى ئىدى؛ 12 يەنە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئىبادەتخانىدىكى خىزمەتتە بولغانلاردىن جەمئىي سەككىز يۈز يىگىرمە ئىككى كىشى بار ئىدى؛ يەنە يەروھامنىڭ ئوغلى ئادايا بار ئىدى؛ يەروھام پېلالىيانىڭ ئوغلى، پېلالىيا ئامزىنىڭ ئوغلى، ئامزى زەكەرىيانىڭ ئوغلى، زەكەرىيا پاشخۇرنىڭ ئوغلى، پاشخۇر مالكىيانىڭ ئوغلى ئىدى؛ 13 ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسى جەمەت باشلىقى بولۇپ، جەمئىي ئىككى يۈز قىرىق ئىككى كىشى ئىدى؛ يەنە ئازارەلنىڭ ئوغلى ئاماشساي بار ئىدى؛ ئازارەل ئاخزاينىڭ ئوغلى، ئاخزاي مەشىللېموتنىڭ ئوغلى، مەشىللېموت ئىممەرنىڭ ئوغلى ئىدى؛ 14 يەنە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىدىن، پالۋان-ئەزىمەتلەردىن، جەمئىي بىر يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى بار ئىدى؛ گېدولىمنىڭ ئوغلى زابدىيەل ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار ئىدى.
15 لاۋىيلاردىن: ــ ھاششۇبنىڭ ئوغلى شېمايا بار ئىدى؛ ھاششۇب ئازرىكامنىڭ ئوغلى، ئازرىكام ھاشابىيانىڭ ئوغلى، ھاشابىيا بۇننىنىڭ ئوغلى ئىدى؛ 16 يەنە لاۋىيلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى بولغان شابىتاي بىلەن يوزاباد بولۇپ، خۇدانىڭ ئۆيىنىڭ تېشىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. 17 يەنە مىكانىڭ ئوغلى ماتتانىيا دۇئا ۋاقتىلىرىدا تەشەككۇر-رەھمەتلەر ئېيتىشقا يېتەكچىلىك قىلاتتى؛ مىكا زابدىنىڭ ئوغلى، زابدى ئاسافنىڭ ئوغلى ئىدى؛ باكبۇكىيا

---

8:11 **«شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك جەمئىي توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى ئىدى»** ــ باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

9:11 **«سىنۇئاھ»** ــ ياكى «ھاسىنۇئاھ».

قىرىنداشلىرى ئىچىدە مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى؛ يەنە
شاممۇئانىڭ ئوغلى ئابدا بار ئىدى؛ شاممۇئا گالالنىڭ ئوغلى، گالال
يەدۇتۇننىڭ ئوغلى ئىدى. 18 مۇقەددەس شەھەردە تۇرۇۋاتقان لاۋىيلارنىڭ
ھەممىسى ئىككى يۈز سەكسەن تۆت كىشى ئىدى.
19 دەرۋازىۋەنلەردىن: ــ دەرۋازىلاردا كۆزەتتە تۇرىدىغان ئاككۇب بىلەن
تالمون ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى بار ئىدى؛ ئۇلار جەمئىي بىر يۈز
يەتمىش ئىككى كىشى ئىدى.
20 قالغان ئىسرائىللار، كاھىنلار، لاۋىيلار يەھۇدىيە شەھەرلىرىدە،
ھەربىرى ئۆز مىراسىدا ماكانلاشتى.
21 ئىبادەتخانىنىڭ خىزمەتكارلىرى بولسا ئوفەل دۆڭگە ماكانلاشتى؛
ئىبادەتخانىنىڭ خىزمەتكارلىرىنى زىخا بىلەن گىشپا باشقۇردى.
22 يېرۇسالېمدا لاۋىيلارنى باشقۇرغۇچى بانىنىڭ ئوغلى ئۇززى ئىدى؛
بانى ھاشابىيانىڭ ئوغلى، ھاشابىيا ماتتانىيانىڭ ئوغلى، ماتتانىيا
مىكانىڭ ئوغلى ئىدى ــ دېمەك، ئۇززا ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرىدىن، يەنى
خۇدانىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكە مەسئۇل بولغان غەزەلكەشلەردىن
ئىدى. 23 چۈنكى پادىشاھ ئۇلار توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرگەن بولۇپ،
غەزەلكەشلەرنىڭ ھەر كۈنلۈك ئۆزۈق-تۈلۈكىنى، شۇنداقلا ئۆتەيدىغان
ۋەزىپىسىنى بېكىتكەنىدى.
24 يەھۇدانىڭ ئوغلى زەراھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەشەزابەلنىڭ
ئوغلى پېتاھىيا پۇقرالارنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا پادىشاھنىڭ
مەسلىھەتچىسى ئىدى.
25 يېزا-قىشلاقلار ۋە ئۇلارغا تەۋە ئەتراپىدىكى جايلاردا يەھۇدالاردىن
بەزىلىرى تۇراتتى؛ كىرىئات-ئاربا ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى يېزا-
كەنتلەردە، دىبون ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى يېزا-كەنتلەردە، يەكابزىيەل

21:11 **«ئوفەل»** ــ («دۆڭ» دېگەن مەنىدە) يېرۇسالېمدىكى ئېگىز رايون ئىدى.

23:11 **«ھەر كۈنلۈك ئۆزۈق-تۈلۈكىنى، شۇنداقلا...»** ــ بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ھەر كۈنلۈك مەسئۇلىيىتى، يەنى...».

24:11 **«پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرغۇچى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «پادىشاھ» مۇشۇ يەردە پارس پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە

ۋە ئۆنىڭ تەۋەسىدىكى يېزا-كەنتلەردە، [26] شۇنداقلا يەشۇئا، مولاداھ، بەيت-پەلەت، [27] ھازار-شۇئال، بەئەر-شېبا ۋە ئۆنىڭ تەۋەسىدىكى يېزا-كەنتلەردە، [28] زىكلاگ، مېكونا ۋە ئۆنىڭ تەۋەسىدىكى يېزا-كەنتلەردە، [29] ئەن-رىممون، زوراھ، يارمۇت، [30] زانوئاھ، ئادۇللام ۋە بۇ ئىككى يەرگە تەۋە قىشلاقلاردا، لاقىش ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەردە، ئازىكاھ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەردە ماكانلاشتى؛ ئۇلار ماكانلاشقان يەرلەر بەئەر-شېبادىن تاكى ھىننوم جىلغىسىغا قەدەر سوزۇلدى.

[31] بىنيامىنلار بولسا گېبا، مىكماش، ئايجا، بەيت-ئەل ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى يېزا-كەنتلەردە، [32] بەزىلىرى ئاناتوت، نوب، ئانانىيا، [33] ھازور، راماھ، گىتتائىم، [34] ھادىد، زەبوئىم، نىباللات، [35] لود، ئونو، شۇنداقلا ھۈنەرۋەنلەر جىلغىسىدا ماكانلاشقانىدى.

[36] ئەسلىدە يەھۇدىيەگە تەيىنلەنگەن لاۋىيلار قىسىملىرىدىن بەزىلىرى بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ زېمىنىغا ماكانلاشتى.

## بىرىنچى «قايتىش»تا قايتىپ كەلگەن كاھىنلار ۋە لاۋىيلار

12 [1] شېئالتىيەلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەل ۋە يەشۇئا بىلەن بىرلىكتە سۈرگۈنلۈكتىن چىققان كاھىن ۋە لاۋىيلار تۆۋەندىكىلەر: — كاھىنلار سېرايا، يەرەمىيا، ئەزرا، [2] ئامارىيا، ماللۇق، ھاتتۇش، [3] شېكانىيا، رەھۇم، مەرەموت، [4] ئىددو، گىننېتوي، ئابىيا، [5] مىيامىن، مائادىيا، بىلگاھ، [6] شېمايا، يوئارىب، يەدايا، [7] ساللۇ، ئاموك، ھىلقىيا ۋە يەدايا. بۇلار بولسا يەشۇئانىڭ كۈنلىرىدە كاھىن بولغانلار ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ جەمەت

29:11 **«زوراھ»** — ياكى «زورېئاھ».

31:11 **«ئايجا»** — «ئايجا»نىڭ يەنە بىر ئىسمى «ئايى».

1:12 **«...كاھىنلار سېرايا، يەرەمىيا، ئەزرا،...»** — بۇ ئەزرا «ئەزرا» دېگەن كىتابتىكى «ئەزرا» ئەمەس. «تەۋراتشۇناس ئەزرا» بولسا، زەرۇببابەلدىن 90 يىلدىن كېيىن يېرۇسالېمغا كەلگەن.

4:12 **«گىننېتوي»** — ياكى «گىننېتون».

باشلىقلىرى ئىدى.
8 لاۋىيلاردىن بولسا يەشۇئا، بىننۇئىي، كادمىيەل، شەرەبىيا، يەھۇدا،
ماتتانىيالار؛ ماتتانىيا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى تەشەككۇر-رەھمەتلەر
ئېيتىشقا مەسئۇل بولدى. 9 ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى باكبۇكىيا بىلەن
ئۇننى نۆۋەتى بويىچە ئۇلار بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل خىزمەتتە تۇراتتى.
10 يەشۇئادىن يوياكىم تۆرەلدى، يوياكىمدىن ئەلىياشىب تۆرەلدى،
ئەلىياشىبتىن يويادا تۆرەلدى، 11 يويادادىن يوناتان تۆرەلدى، يوناتاندىن
ياددۇئا تۆرەلدى. 12 يوياكىمنىڭ كۈنلىرىدە كاھىنلاردىن جەمەت
باشلىقى بولغانلار مۇنۇلار: — سېرايا جەمەتىگە مېرايا؛ يەرەمىيا
جەمەتىگە ھانانىيا؛ 13 ئەزرا جەمەتىگە مەشۇللام؛ ئامارىيا جەمەتىگە
يەھوھانان؛ 14 مېلىكۇ جەمەتىگە يوناتان؛ شەبانىيا جەمەتىگە يۇ
سۈپ؛ 15 ھارىم جەمەتىگە ئادنا؛ مېرايوت جەمەتىگە ھەلكاي؛
16 ئىددو جەمەتىگە زەكەرىيا؛ گىننىتون جەمەتىگە مەشۇللام؛ 17 ئابىيا
جەمەتىگە زىكرى؛ مىنيامىن بىلەن موئادىيالارنىڭ جەمەتىگە
پىلتاي؛ 18 بىلگاھ جەمەتىگە شامmۇئا؛ شېمايا جەمەتىگە يەھوناتان؛
19 يوئارىب جەمەتىگە ماتتىناي؛ يەدايا جەمەتىگە ئۇززى؛ 20 ساللاي
جەمەتىگە كاللاي؛ ئاموك جەمەتىگە ئېبەر؛ 21 ھىلقىيا جەمەتىگە
ھاشابىيا؛ يەدايا جەمەتىگە نەتانەل.
22 ئەلىياشىب، يويادا، يوھانان ۋە ياددۇئانىڭ كۈنلىرىدە لاۋىيلارنىڭ
جەمەت باشلىقلىرى تىزىملانغان ۋە ئوخشاشلا، پارس پادىشاھى
دارىئۇس تەختتىكى چاغلارغىچە كاھىنلارمۇ تىزىملىنىپ كەلگەن.
23 جەمەت باشلىقى بولغان لاۋىيلار تاكى ئەلىياشىبنىڭ نەۋرىسى
يوھانانىنىڭ ۋاقتىغىچە تەزكىرنامىدە تىزىملىنىپ كەلگەن.

10:12 **«يويادا»** — ياكى «يەھويادا».

14:12 **«مېلىكۇ»** — ياكى «ماللۇق». **«شەبانىيا»** — بەزى قەدىمىي كۆچۈرمىلەردە «شېكانىيا» دېيىلدۇ.

20:12 **«ساللاي»** — ياكى «ساللۇ».

[24] لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىقى بولغان ھاشابىيا، شەرەبىيا، كادمىيەلنىڭ ئوغلى يەشۇئالار قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇپ، خۇدانىڭ ئادىمى داۋۇتنىڭ ئەمرى بويىچە نۆۋەتلىشىپ مەدھىيە-مۇناجات، تەشەككۈر-رەھمەتلەر ئېيتىپ تۇراتتى. [25] ماتتانىيا، باكبۇكىيا، ئوبادىيا، مەشۇللام، تالمون بىلەن ئاككۇبلار دەرۋازىۋەنلەر بولۇپ، سېپىل قوۋۇقلىرىنىڭ ئامبارلىرىغا قارايتتى. [26] بۇ كىشىلەر يوزاداكنىڭ نەۋرىسى، يەشۇئانىڭ ئوغلى يوياكىمنىڭ كۈنلىرىدە، شۇنىڭدەك ۋالىي نەھەمىيا بىلەن تەۋراتشۇناس كاھىن ئەزرانىڭ كۈنلىرىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن.

## يېڭى سېپىلنىڭ خۇداغا ئاتاپ تاپشۇرۇلۇشى

[27] يېرۇسالېم سېپىلىنى خۇداغا ئاتاپ تاپشۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغدا، جامائەت لاۋىيلارنى تۇرغان ھەرقايسى جايلاردىن ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنى تەشەككۈر-رەھمەتلەر ئېيتىش، غەزەل ئوقۇش، جاڭ، تەمبۇر ۋە چىلتارلارنى چېلىشقا، خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئاتاپ تاپشۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە يېرۇسالېمغا ئېلىپ كەلدى. [28] غەزەلكەشلار يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكتىن، نەتوفاتلىقلارنىڭ يېزا-كەنتلىرىدىن، [29] بەيت-گىلگالدىن، گېبا بىلەن ئازماۋەت ئېتىزلىقلىرىدىن يىغىلغانىدى؛ چۈنكى غەزەلكەشلار يېرۇسالېمنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئۆزلىرىگە مەھەللە-قىشلاقلار

---

23:12 **«ئەلياشىبنىڭ نەۋرىسى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئەلياشىبنىڭ ئوغلى». **«تەزكىرىنامە»** ــ بۇ كىتاب تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە» دېگەن قىسىم ئەمەس؛ «تارىخ-تەزكىرە»دە ئۇنداق تىزىملىك يوق.

23:12 1تار. 9:10-34

26:12 **«بۇ كىشىلەر ... ۋالىي نەھەمىيا بىلەن تەۋراتشۇناس كاھىن ئەزرانىڭ كۈنلىرىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن»** ــ لاۋىيلار ۋە كاھىنلارنىڭ نەسەبنامىلىرى نېمىشقا شۇنچە مۇھىم؟ ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىسپاتلانمىغانلار كاھىنلىق خىزمەتتە ياكى ئىبادەتخانىدىكى لاۋىيلارغا ئائىت خىزمەتتە بولۇشقا مۇيەسسەر بولالمايتتى. بۇڭگىچە قەدەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا كىملەر لاۋىيلاردىن، كىملەر كاھىنلار جەمەتىدىن ئىكەنلىكى خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە.

قۇرۇۋالغانىدى. [30] كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار ئۆزلىرىنى پاكلىدى، ئاندىن خەلقنى ۋە سېپىل دەرۋازىلىرىنى ھەم سېپىلنىڭ ئۆزىنىمۇ پاكلىدى.

[31] مەن نەھەمىيا يەھۇدانىڭ ئەمىرلىرىنى باشلاپ سېپىلغا چىقىپ، تەشەككۈر-ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغان ئىككى چوڭ ئەترەت ئادەمنى ئۇيۇشتۇردۇم، بىر ئەترەت سېپىلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە «تېزەك قوۋۇقى»غا قاراپ ماڭدى، [32] ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھوشايا بىلەن يەھۇدانىڭ ئەمىرلىرىنىڭ يېرىمى ماڭدى؛ [33] يەنە ئازارىيا، ئەزرا، مەشۇللام، [34] يەھۇدا، بىنيامىن، شېمايا، يەرەمىيامۇ ماڭدى؛ [35] شۇنىڭدەك كاھىنلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن بەزىلىرى قوللىرىغا كاناي ئالغان ھالدا ماڭدى: ــ ئۇلاردىن يوناتاننىڭ ئوغلى زەكەرىيا بار ئىدى (يوناتان شېمايانىڭ ئوغلى، شېمايا ماتتانىيانىڭ ئوغلى، ماتتانىيا مىكايانىڭ ئوغلى، مىكايا زاككۇرنىڭ ئوغلى، زاككۇر ئاسافنىڭ ئوغلى ئىدى). [36] ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن شېمايا، ئازارەل، مىلالاي، جىلالاي، مائايى، نەتانەل، يەھۇدا، ھانانىيالار بار ئىدى؛ ئۇلار قوللىرىغا خۇدانىڭ ئادىمى داۋۇتنىڭ سازلىرىنى ئېلىشقانىدى؛ تەۋراتشۇناس ئەزرا ئۇلارنىڭ بېشىدا ماڭغانىدى. [37] ئۇلار «بۇلاق قوۋۇقى»غا كېلىپ «داۋۇتنىڭ شەھىرى»نىڭ پەلەمپىيىگە چىقىپ، «داۋۇتنىڭ ئوردىسى»دىن ئۆتۈپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى «سۇ قوۋۇقى»غا كەلدى.

[38] تەشەككۈر-ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغان ئىككىنچى ئەترەت سول تەرەپ بىلەن ماڭدى، مەن ۋە جامائەتنىڭ يېرىمى ئۇلارنىڭ ئارقىدىن مېڭىپ، سېپىل ئۈستىدە «خۇمدانلار مۇنارى»دىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل «كەڭ سېپىل»غىچە مېڭىپ، [39] «ئەفرائىم قوۋۇقى»، «كونا قوۋۇق»، «بېلىق قوۋۇقى» ئۈستىدىن ئۆتۈپ، «ھانانىيەل مۇنارى» ۋە «يۈزنىڭ مۇنارى»دىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل «قوي قوۋۇقى»غا كېلىپ، ئاندىن «قاراۋۇللار قوۋۇقى»دا توختىدۇق. [40] ئاندىن تەشەككۈر-ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغان

---

38:12 **«سول تەرەپ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «تەتۈر تەرەپ».

39:12 **«يۈزنىڭ مۇنارى»** ــ ياكى «مېئاھنىڭ مۇنارى». **«قاراۋۇللار قوۋۇقى»** ــ ياكى «زىندان دەرۋازىسى».

ئىككى ئەترەت ئادەم خۇدانىڭ ئۆيىدە ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇردى؛ مەن بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ يېرىمىمۇ شۇ يەردە تۇردۇق؛ [41] كاھىنلاردىن ئېلىئاكىم، مائاسېياھ، مىنىيامىن، مىكايا، ئەليويىناي، زەكەرىيا بىلەن ھانانىيالار كارنايلىرىنى ئېلىپ تۇرۇشتى؛ [42] يەنە مائاسېياھ، شېمايا، ئەلئازار، ئۇززى، يەھوھانان، مالكىيا، ئېلام بىلەن ئېزەرمۇ تۇرۇشتى؛ غەزەلكەشلەر يىزراقىيانىڭ يېتەكچىلىكىدە جاراڭلىق غەزەل ئوقۇشتى. [43] شۇ كۈنى جامائەت ناھايىتى چوڭ كۆلەملىك قۇربانلىقلارنى سۇندى ھەم بەك خۇشال بولۇپ كېتىشتى، چۈنكى خۇدا ئۇلارنى زور شادلىق بىلەن شادلاندۇرغانىدى؛ ئاياللار بىلەن بالىلارمۇ شۇنداق شادلاندى؛ يېرۇسالېمدىكى بۇ خۇشاللىق سادالىرى يىراق-يىراقلارغا ئاڭلاندى.

## لاۋىيلار بىلەن كاھىنلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھازىرلىنىشى

[44] ئۇ چاغدا بىر قىسىم كىشىلەر كۆتۈرمە قۇربانلىقلار، دەسلەپكى پىشقان ھوسۇللار ۋە ئۆشرىلەرنى ساقلايدىغان خەزىنە-ئامبارلارغا مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلەندى؛ ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئېتىزلىقلاردىن، تەۋرات قانۇنىدا كاھىنلارغا ۋە لاۋىيلارغا بېرىشكە بەلگىلەنگەن ئۈلۈشلەر شۇ يەردە ساقلىناتتى. چۈنكى يەھۇدا خەلقى ئۆز خىزمىتىدە تۇرۇۋاتقان كاھىنلار بىلەن لاۋىيلاردىن خۇشال ئىدى. [45] كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار، غەزەلكەشلەر بىلەن دەرۋازىۋەنلەرمۇ، ئۆز خۇداسىنىڭ تاپىلىغان ۋەزىپىسىنى ۋە شۇنىڭدەك پاكلاش ۋەزىپىسىنىڭ ھەممىسىنى داۋۇتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ ئەمرى بويىچە ئۆتەيتتى. [46] چۈنكى قەدىمدە، داۋۇتنىڭ ۋە ئاسافنىڭ كۈنلىرىدە، غەزەلكەشلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ھەمم خۇداغا تەشەككۇر-ھەمدۇسانا كۈيلىرىنى ئوقۇشقا يېتەكچىلەر بولغانىدى. [47] زەرۇببابەلنىڭ كۈنلىرىدە ۋە نەھەمىيانىڭ كۈنلىرىدە غەزەلكەشلەرنىڭ ۋە دەرۋازىۋەنلەرنىڭ ئۈلۈشلىرىنى، ھەر

كۈنلۈك تەمىناتىنى پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى بېرەتتى؛ ئۇلار يەنە لاۋىيلار ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلانغان نەرسىلەرنى ئۇلەشتۈرۈپ بېرەتتى؛ لاۋىيلارمۇ مۇقەددەس ھېسابلانغان نەرسىلەردىن ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىپ تۇراتتى.

## ئاممونىيلار بىلەن موئابىيلارنىڭ مۇقەددەس ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنماسلىقى

13 [1] شۇ كۈندە مۇسانىڭ كىتابى جامائەت ئالدىدا ئوقۇپ بېرىلدى،
كىتابتا: ئاممونىيلار بىلەن موئابىيلار مەڭگۈ خۇدانىڭ
جامائىتىگە كىرمىسۇن، [2] چۈنكى ئۇلار ئىسرائىللارنى ئوزۇقلۇق ۋە
سۇ ئەكىلىپ قارشى ئالماي، ئەكسىچە ئۇلارنى قارغاشقا بالائامنى
ياللىۋالغان؛ ھالبۇكى، خۇدايىمىز ئۇ قارغاشلارنى بەخت-بەرىكەتكە
ئايلاندۇرۇۋەتكەن، دەپ يېزىلغان سۆزلەر چىقتى. [3] شۇنداق بولدىكى،
جامائەت بۇ قانۇن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بارلىق شالغۇت كىشىلەرنى
ئىلغاپ چىقىرىۋەتتى.

## توبىيانىڭ ئۆي سايمانلىرىنىڭ چىقىرىپ تاشلىنىشى

[4] بۇ ئىشتىن ئاۋۋال، خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇرۇشقا
مەسئۇل كاھىن ئەلياشىب توبىيانىڭ تۇغقىنى بولۇپ، [5] ئۇنىڭغا
كەڭرى بىر ئۆينى تەييارلاپ بەرگەنىدى. شۇ ئۆيدە ئىلگىرى ئاشلىق
ھەدىيەلىرى، مەستىكى، قاچا-قۇچا، شۇنىڭدەك لاۋىيلار، غەزەلكەشلەر
ۋە دەرۋازىۋەنلەرگە بېرىشكە بۇيرۇلغان ئاشلىق ئۆشرىلەر، يېڭى

1:13 قان. 2:23، 4، 5

2:13 «خۇدايىمىز ئۇ قارغاشلارنى بەخت-بەرىكەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن» — «قان.» 5:23نى كۆرۈڭ. «رۇت»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە شۇ ئىش توغرۇلۇق توختىلىمىز.

2:13 چۆل. 5:22؛ يە. 9:24

4:13 «كاھىن ئەلياشىب توبىيانىڭ تۇغقىنى بولۇپ...» — ياكى «كاھىن ئەلياشىب توبىيا بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ...».

شاراب ۋە يېگى زەيتۇن مېيى، شۇنداقلا كاھىنلارغا ئاتالغان «كۆتۈرمە قۇربانلىق»لار ساقلىناتتى. [6] بۇ ۋاقىتلاردا مەن يېرۇسالېمدا ئەمەس ئىدىم؛ چۈنكى بابىل پادىشاھى ئارتاخشاشتانىڭ ئوتتۇز ئىككىنچى يىلى مەن پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكەنىدىم؛ بىر مەزگىلدىن كېيىن مەن يەنە پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ [7] يېرۇسالېمغا قايتىپ بارسام، ئەلياشىبنىڭ خۇدانىڭ ئۆيىدىكى هويلىلاردا توبىياغا ئۆي هازىرلاپ بەرگەنلىكىدەك رەزىل ئىشنى ئۇقتۇم. [8] بۇ ئىش مېنى قاتتىق ئازابلىدى، مەن توبىيانىڭ ئۆيىدىكى بارلىق ئۆي جاهازلىرىنى قويماي تالاغا تاشلاتقۇزۇۋەتتىم. [9] مەن يەنە ئەمر قىلىپ، ئۇ ئۆيلەرنى پاكلاتقۇزۇپ، ئاندىن خۇدانىڭ ئۆيىدىكى قاچا-قۇچا، ئاشلىق هەدىيەلىرى بىلەن مەستىكىنى ئۇ يەرگە ئەكىرگۈزۈپ قويدۇم.

## لاۋىيلارغا هەدىيە قىلىنمىغان ئۆشرىلەرنىڭ يىغىۋېلىنىشى بېكىتىلىشى

[10] مەن يەنە خەقلەرنىڭ لاۋىيلارنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك ئۈلۈشلىرىنى بەرمىگەنلىكىنى، هەتتا ۋەزىپىگە قويۇلغان لاۋىيلار بىلەن غەزەلكەشلەرنىڭ هەربىرىنىڭ ئۆز يەر-ئېتىزلىقىغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم؛ [11] شۇڭا مەن ئەمەلدارلار بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنى ئەيىبلەپ: ــ نېمىشقا خۇدانىڭ ئۆيى شۇنداق تاشلىۋېتىلدى؟! ــ دەپ، لاۋىيلارنى يىغىپ ئۇلارنى ئىلگىرىكى ئورنىغا يىغىۋېلىشتىن تۇ رغۇزدۇم. [12] ئاندىن بارلىق يەھۇدىيە خەلقى ئاشلىق ئۆشرىسىنى، يېڭى شاراب ۋە يېڭى زەيتۇن مېيىنى خەزىنە-ئامبارلىرىغا ئېلىپ كېلىپ تاپشۇردى. [13] مەن خەزىنە-ئامبارلارغا مەسئۇل بولۇشقا خەزىنىچى-ئامبارچىلارنى تەيىنلىدىم؛ ئۇلار كاھىن شەلەمىيا، تەۋراتشۇناس زادوك بىلەن لاۋىيلاردىن بولغان پىدايا ئىدى؛ ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ماتتانىيانىڭ نەۋرىسى، زاككۇرنىڭ ئوغلى هانان بار ئىدى؛ چۈنكى بۇلارنىڭ هەممىسى سادىق، ئىشەنچلىك دەپ هېسابلىناتتى؛

11:13 **«لاۋىيلارنى يىغىپ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلارنى يىغىپ».

ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى قېرىنداشلىرىغا تېگىشلىك ئۈلۈشلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئىدى.
14 — «ئاھ خۇدايىم، مۇشۇ ئىش يۈزىسىدىن مېنى ياد ئەيلىگەيسەن، خۇدايىمنىڭ ئۆيى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت خىزمەتلەر ئۈچۈن كۆرسەتكەن مېھرىمنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەيسەن!»

## خەلققە شابات كۈننى ھۆرمەتلەشنى جېكىلەش

15 شۇ كۈنلەردىمۇ مەن يەھۇدىيەدە بەزىلەرنىڭ شابات كۈنلىرىدە شاراب كۆلچەكلىرىنى چەيلەۋاتقىنىنى، ئۆنچىلەرنى باغلاپ، بۇلارنى ۋە شۇنىڭدەك شاراب، ئۈزۈم، ئەنجۈر ۋە ھەرخىل يۈكلەرنى ئېشەكلەرگە ئارتىپ، توشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم؛ ئۇلار بۇلارنى يېرۇسالېمغا شابات كۈنىدە ئېلىپ كىردى؛ ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئاش-تۈلۈكلەرنى سېتىپ يۈرگەن كۈنى مەن ئۇلارنى گۇۋاھلىق بېرىپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم.
16 يەنە يەھۇدىيەدە تۇرۇۋاتقان بەزى تۇرلۇقلار بېلىق ۋە ھەرخىل مال-تاۋارلارنى توشۇپ كېلىپ شابات كۈنى يەھۇدىيەلىكلەرگە ساتىدىكەن، يەنە كېلىپ بۇلارنى يېرۇسالېمدا ساتىدىكەن! 17 شۇ سەۋەبتىن مەن يەھۇدىيە ئەمىرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنى ئەيىبلەپ: — سىلەرنىڭ شابات كۈننى بۇلغاپ، رەزىل ئىش قىلغىنىڭلار نېمىسى؟
18 ئىلگىرى ئاتا-بوۋاڭلار ئوخشاش ئىشنى قىلغان ئەمەسمۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇدايىمىز بىزنىڭ بېشىمىزغا ۋە بۇ شەھەرگە ھازىرقى بۇ بالايىئاپەتنى
ياغدۇرغان ئەمەسمۇ؟ ئەمدى سىلەر شابات كۈننى بۇلغاپ، ئىسرائىلنىڭ بېشىغا خۇدانىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ياغدۇرىدىغان بولدۇڭلار، دېدىم.

---

14:13 **«ئۇنىڭغا ئائىت خىزمەتلەر»** — ياكى «ئۇنىڭ (يەنى، ئىبادەتخانىنىڭ) خىزمەتچىلىرى».
16:13 **«يەھۇدىيەدە تۇرۇۋاتقان..»** — ياكى «يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقان..». ئىبرانىي تىلىدا «شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان..».
17:13 مىس. 8:20؛ لاۋ. 30:19

[19] شۇڭا، شۇنداق بولدىكى، شابات كۈنىدىن ئىلگىرى، گۇگۇم سايىسى يېرۇسالېم قوۋۇقلىرىغا چۈشكەن ۋاقىتتا، مەن شەھەر قوۋۇقلىرىنى ئېتىشنى بۇيرۇدۇم ۋە شۇنىڭدەك شابات كۈنى ئۆتۈپ كەتكۈچە قوۋۇقلارنى ئاچماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردۇم. مەن يەنە ھېچقانداق يۈكنىڭ توشۇلۇپ قوۋۇقلاردىن كىرگۈزۈلمەسلىكى ئۈچۈن خىزمەتكارلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى شەھەر قوۋۇقلىرىغا كۆزەتچى قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويدۇم. [20] شۇنداق بولسىمۇ سودىگەرلەر ۋە ھەرخىل مال-تاۋار ساتىدىغانلار بىر-ئىككى قېتىم يېرۇسالېمنىڭ سىرتىدا تۈنىدى. [21] مەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ــ سىلەر نېمىشقا سېپىلنىڭ ئالدىدا تۈنەيسىلەر؟ يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار، مەن ئۇستۇڭلارغا قول سالىمەن، دېۋىدىم، ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ شابات كۈنىدە كەلمىدى. [22] ئاندىن شابات كۈنىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، مەن لاۋىيلارغا: ــ ئۆزۈڭلارنى پاكلاڭلار؛ ئاندىن كېلىپ سېپىل دەرۋازىلىرىنى بېقىڭلار، دېدىم.

«ئى خۇدايىم، مۇشۇ ئىش يۈزىسىدىنمۇ مېنى ياد ئەيلىگەيسەن، ئۆزۈڭنىڭ زور ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بىلەن مېنى ئايىغايسەن!»

## يات ئەللىكلەر بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ مەنئى قىلىنىشى

[23] شۇ كۈنلەردە مەن يەنە ئاشدود، ئاممون ۋە موئاب قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالغان بەزى يەھۇدىيلارنى بايقىدىم. [24] ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ يېرىمى ئاشدودچە سۆزلەيدىكەن (ۋە ياكى يۇقىرىقى ئەللەرنىڭ بىرىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان) ۋە يەھۇدىي تىلىدا سۆزلىيەلمەيدىكەن. [25] مەن ئۇلارنى سوقۇشۇپ ئەيىبلىدىم، ئۇلارنى قارغىدىم، بىر نەچچىسىنى ئۇرۇپ چاچ-ساقاللىرىنى يۇلدۇم، خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم

---

13:19 **«شابات كۈنىدىن ئىلگىرى»** ــ ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئۇتتۇرا شەرقتە يېڭى كۈن كەچتە، كۈن پېتىشى بىلەن باشلىنىدۇ (مەسىلەن، «يار.» 5:1نى كۆرۈڭ).

13:21 **«مەن ئۇستۇڭلارغا قول سالىمەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇستۇڭلارغا بىر قول ئەۋەتىمەن» ــ بۇ ئىبرانىي تىلىدا (بېنىك بىر ئىپادە بولغاچقا) يۇمۇرلۇق گەپ ئىدى.

ئىچكۈزۈپ: ــ سىلەرنىڭ قىزلىرىڭلارنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا
بەرمەيسىلەر، ئوغۇللىرىڭلارغىمۇ، ئۆزۈڭلارغىمۇ ئۇلاردىن قىز
ئالمايسىلەر! 26 ئىسرائىل پادىشاھى سۇلايمان مۇشۇنداق ئىشلاردا
گۇناھ سادىر قىلغان ئەمەسمۇ؟ نۇرغۇن ئەللەر ئارىسىدا ئۇنىڭغا
ئوخشاش ھېچقانداق پادىشاھ يوق ئىدى؛ ئۇ ئۆز خۇداسى تەرىپىدىن
سۆيۈلگەن، خۇدا ئۇنى پۈتكۈل ئىسرائىل ئۈستىگە پادىشاھ قىلىپ
تىكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەتتا ئۇنىمۇ يات ئەللىك ئاياللار ئازدۇرۇپ
گۇناھقا پاتقۇزغان. 27 ئەمدى سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا كىرىپ بۇنداق
چوڭ رەزىللىك قىلىپ، يات ئەللىك قىزلارنى ئېلىپ خۇدايىمىزغا
ۋاپاسىزلىق قىلىمىزمۇ؟ ــ دېدىم.
28 باش كاھىن ئەلياشىبنىڭ نەۋرىسى، يويادانىڭ ئوغۇللىرىدىن
بىرى ھورونلۇق سانباللاتنىڭ كۈيئوغلى ئىدى؛ مەن ئۇنى يېنىمدىن
قوغلىۋەتتىم.
29 ــ «ئى خۇدايىم، سەن ئۇلارنى يادىڭدا تۇتقايسەن، چۈنكى ئۇلار
كاھىنلىققا داغ تەگكۈزگۈچىلەر، كاھىنلىق ھەم لاۋىيلارغا تەۋە
ئەھدىنىمۇ بۇلغىغۇچىلاردۇر!».
30 شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى يات ئەللىكلەرنىڭ بۇلغاشلىرىدىن نېرى
قىلىپ پاكلاندۇردۇم ۋە كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنىمۇ
يېڭىۋاشتىن بەلگىلەپ، ھەركىمنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلدىم.
31 مەن يەنە ئۆز ۋاقتىدا ئوتۇن-ياغاچ ئېلىپ كېلىنىشى ۋە دەسلەپكى
ھوسۇلنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشقىمۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇردۇم.

«ئاھ خۇدايىم، مېنى يادىڭدا تۇتۇپ، ماڭا شاپائەت كۆرسەتكەيسەن!».

**26:13** 1پاد. 4:11؛ 1پاد. 13:3؛ 2تار. 12:1

# قوشۇمچە سۆز

ئادەتتىكىگە ئوخشاش، بىز كىتابنىڭ بارلىق ئايەتلىرى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى بىر-ئىككى ئالاھىدە قىزىق نۇقتا ئۈستىدە ياكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان بىرنەچچە سوئاللار ئۈستىدە توختىلىمىز.

## دۇئا توغرۇلۇق ساۋاتلار

مەزكۇر قىسقا كىتاب ئارقىلىق دۇئا-تىلاۋەت قىلىش توغرۇلۇق بىرنەچچە مۇھىم ئىشلارنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇلاردىن بىرى نەھەمىيانىڭ ئۆزىنىڭ دۇئا قىلىش ئادەتلىرىنى تەپسىلىي كۆرسىتىشتىن چىقىدۇ. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئەخلاقىي ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكىدىن، شۇنداقلا بىچارە ھالىتىدىن ئىنتايىن ئېچىنىپ، كۆزيگە ياش ئالىدۇ (4:1). مانا بۇ ھەممىگە قادىردىن جاۋابلارغا ئېرىشىدىغان دۇئالارنىڭ مەنبەسى ۋە سىرىدۇر. بۇ باشقىلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشتۇر.

يەنە بىرى ئۇنىڭ 4:2-5دە خاتىرىلەنگەن دۇئاسىدىن كېلىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ دۇئانى ئۇنىڭ «ئوق دۇئاسى» دەپ ئاتايدۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن: «نېمە تەلىپىڭ بار؟» دەپ سورىشى بىلەنلا ئۇ: «مەن ئاسماندىكى خۇداغا دۇئا قىلىپ،... (ئاندىن) پادىشاھقا ... سۆز قىلدىم» دەيدۇ.

بۇ دۇئا توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەرنى بايقايمىز: —

(ئا) بۇ دۇئا ئۇنلۇك ئوقۇلغان ئەمەس ئىدى؛

(ئە) ئۇ دۇئانى كۆزىنى يۇمماي، كۆزى ئوچۇق ھالدا دۇئا قىلىدۇ (بەزىلەر «دۇئا قىلغاندا كۆزۈمنى يۇمۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلايدۇ)؛

(ب) دۇئانى خىزمەت ئۈستىدە قىلغان؛

(پ) ئۇنىڭ دۇئاسى ئۆزى بىلمەيدىغان تىلدا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئانا تىلدا بولغان بولسا كېرەك؛

(ت) مەلۇم يۈنىلىشكە قاراپ، ياكى مەلۇم «مۇقەددەس جاي»دا ياكى ئادەمنىڭ تېنى ئالاھىدە بىر ھالەتتە (مەسىلەن، يۈيۈلغان، ئالاھىدە كىيىم-كېچەك كىيگەن ھالەتتە) ئوقۇلغان ئەمەس ئىدى.

(چ) دۇئا ناھايىتى قىسقا ۋە پەقەت كۆڭلىدىلا قىلىنغان؛
(ج) بۇ دۇئانى خۇدا قوبۇل قىلدى ۋە جاۋاب بەردى.

رەببىمىز ئەيسا مەسىھ بىزگە ئۆگەتكىنىدەك، دۇئالارنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئىجابەت قىلىنىشى ئۇچۇن ئۇزۇن يا كۆپ قېتىم قايتىلىنىشى زۆرۈر بولمايدۇ: ــ «دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندا، بۇتپەرەس يات ئەللىكلەردىكىدەك قۇرۇق گەپلەرنى تەكرارلاۋەرمەڭلار. چۈنكى ئۇلار دېگەنلىرىمىز كۆپ بولسا خۇدا تىلىگىنىمىزنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ» («مات.» 7:6). خۇدا ئادەمنىڭ چىن كۆڭلىدىن قىلىنغان دۇئاسىغىلا قارايدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىگە قارىغان ئەمەس؛ دېمەك، شەكىل ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ مۇھىم ئەمەستۇر.

## نەھەمىيانىڭ خاراكتېرى

بىز يۇقىرىدا نەھەمىيانىڭ: (ئا) شاد ـ خۇراملىقتا تولغان كىشى؛
(ئە) دۇئا ـ تىلاۋەتكە بېرىلگەن كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. بىز يەنە ئۇ توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئىشلارنى بايقايمىز: ــ
(ب) ئۇ ئىنسانلاردىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىنلا قورقىدىغان، جۈرئەتلىك ئادەم ئىدى (5:6-9، 10-14)؛
(پ) ئۇ كەمتەر ئادەم ئىدى (مەسىلەن، ئۇ پادىشاھ تەرىپىدىن ۋالىي دەپ تىكلەنگەنلىكىنى بىۋاسىتە تىلغا ئالمايدۇ؛ سېپىل قۇرۇلۇشى توغرۇلۇق ئۇ: «بۇ قۇرۇلۇشنى خۇدايىمىز ئۆزى ئېلىپ بارغان ئىش» دەيدۇ (16:6))؛
(ت) كۆيۈمچان ئادەم ئىدى (قەرزلەرگە بوغۇلغانلار ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، 1:5-13)؛
(چ) ئۇ سېخىي، كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئادەم ئىدى («ۋالىيلىق نان» خىراجىتىنى خەلقتىن ئالمايتتى؛ ئۆيىدىكىلەر ۋە ھەر كۈنى تەرەپ ـ تەرەپتىن يېنىغا كېلىدىغان بارلىق مېھمانلىرىغا كېتىدىغان چىقىملارنىمۇ ئۆز يېنىدىن چىقىراتتى. 1:5-13نى كۆرۈڭ. ئۇ ئارتاخشاشتانىڭ يېنىدا ئىشلىگەن ۋاقىتتا خېلىلا پۇللۇق بولۇپ قالغانىدى)؛

(ج) ئۇ ئەمەلىي ئادەم، ھەقىقىي يېتەكچى ئىدى؛ رىئاللىقتا يۈزلىنىدىغان، تەۋەككۈل قىلىشتىن قورقمايدىغان ئادەم ئىدى. ھەممە ئىشلاردا ئۆزى باشلامچى بولاتتى (23:4)؛ ئادەم كۈچىگە ھاجىتى چۈشكەندە ئۇ ئاۋۋال ئۆز ئادەملىرىنى ئالدىغا قوياتتى (19:13).

خۇدا مۇشۇ كۈنلەردە ئۆز جامائىتىدە شۇنداق ئادەملەرنى بىزگە ئاتا قىلغاي!

## يېرۇسالېم قانداقسىگە شۇنداق خارابە بولۇپ كەتتى؟ سېپىلنى قايتىدىن قۇرۇش نېمىشقا شۇنچە مۇھىم؟

«يېرۇسالېمنىڭ سېپىلى بولسا ئۆرۈۋېتىلدى، قوۋۇقلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلدى» (3:1)؛ «شەھەر چوڭ ھەم كەڭرى بولغىنى بىلەن ئاھالە ئاز، ئۆيلەر تېخى سېلىنمىغانىدى» (4:7).

زەرۇببابەلنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا بولغان بىرىنچى «قايتىش»، شۇنداقلا ئىبادەتخانىنىڭ يېڭىۋاشتىن قۇرۇلۇشىدىن توقسان يىل كېيىن، شەھەرنىڭ شۇنداق خارابە ھالەتتە تۇرۇۋېرىشى كۆپ ئادەملەرگە ھەيران قالارلىق ئىش بولغان بولۇشى مۇمكىن. مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ پىلانىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى؛ ئۇنىڭ مۇھىملىقى ھاگاي ۋە زەكەرىيا پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن ئېنىق تەستىقلاندى. لېكىن شەھەرنىڭ ئۆزى نېمە سەۋەبتىن تولۇق قۇرۇلمىدى؟

ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى: —

(ئا) خۇدا ئۆز خەلقىگە: «سىلەر يولۇمدا مېڭىپ ماڭا تايانغان بولساڭلار سىلەرنى بەرىكەتلەيمەن»، دەپ كۆپ قېتىم ۋەدە قىلغان. ئەگەر ئۇنىڭ يوللىرىدا ماڭمىسا، ئۇلارنىڭ ھالى بارغانسېرى بەتتەر بولۇپ كېتەتتى («لاۋ.» 14:26-17، «قانۇن شەرھى» 28-باب). شۇنىڭدەك سۈرگۈنلۈكتىن قايتقانلار ئىبادەتخانىنى قۇرۇشتىن ئېرىشكەن تەجرىبىنى، قازانغان ئىمان-ئېتىقاد ۋە شۇنىڭدەك مۇيەسسەر قىلىنغان بەخت-بەرىكەتلەرنى يەنە تەرك ئەتكەن بولسا، ئۇنداقتا خۇدا ئۇلارنى مەلۇم بىرخىل تەربىيىلىك جازا ئاستىدا قالدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. يېرۇسالېم ئاھالىسى بەك ئاز

بولغانلىقى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچۇق تۇرغان ھالىتى بۇنداق تەربىيە-جازانىڭ بىر قىسمى بولغان بولسا كېرەك.

(ئە) قايتىپ كەلگەن خەلقنىڭ كۆپىنچىسى ئىنتايىن نامرات ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قاراقچىلار ۋە بۇلاڭچىلار بار ئىدى («ئەزرا» 31:8). ئۇنداق ئەھۋالدا خەلقلەر يېرۇسالېمدا ئەمەس، بەلكى كىچىكرەك شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىشنى خالايتتى؛ ئۇنداق شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىغا سېپىل ياساش يېرۇسالېمدىكى چوڭ سېپىلنى ياساشتىن كۆپ ئاسان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۇرغۇن كىچىك شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلار يېرۇسالېمنىڭكىگە نىسبەتەن مۇنبەترەك ئىدى.

يېرۇسالېمدىكى ئەھۋالنىڭ دەرۋەقە شۇنداق ئىكەنلىكى مەزكۇر كىتابنىڭ 11-بابىدا روشەن كۆرۈندۇ. يېرۇسالېمغا ئىختىيارەن ماكانلاشماقچى بولغانلار قالغان خەلق تەرىپىدىن تولىمۇ تەرىپلىنىدۇ. ھازىرقى زامانلاردا كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختىدە ئىنتايىن تۇرغۇسى بار، لېكىن شۇ دەۋردە پايتەخت يېرۇسالېمغا قايتىش خەتەرلىك ھەم مۇشەققەتلىك ئەھۋالغا چۈشۈشكە باراۋەر ئىدى.

(ب) يېرۇسالېم سېپىلىدەك شۇنچە چوڭ قۇرۇلۇش ئۈچۈن كۆپ كىشىلەر بىرلىشىشى، ھەمكارلىشىشى كېرەك ئىدى؛ ئىمان-ئېتىقاد سۇس بولسا ئۇنداق بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش مۇمكىن بولمايتتى.

(پ) يېرۇسالېم سېپىلىنىڭ ۋە قوۋۇقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى نەھەمىيا كېلىشىدىن بۇرۇنلا بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن نەتىجە 3:1دە تەسۋىرلەنگەندەك ئىدى: — «يېرۇسالېمنىڭ سېپىلى بولسا ئۆرۈۋېتىلدى، قوۋۇقلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلدى». بۇنداق ئەھۋال دۈشمەنلەرنىڭ بۇلاڭ-تالاڭچىلىق مەقستى بىلەن ھۇجۇملىرىنىڭ نەتىجىسى بولاتتى. ئەتراپىدا سېپىلى بولمىسا، كىم يېرۇسالېمدا تۇرۇشنى خالايتتى؟

بۇ تەرەپتە ئىسرائىل خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئاھانەت ۋە مازاق ئوبيېكتى بولۇپ قالغانىدى؛ خۇدانىڭ خەلقىنىڭ پايتەختى يوقتۇر! ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزى، ئىبادەتخانىغا يانداش قەلئە، «داۋۇتنىڭ شەھىرى» قاتارلىق مۇستەھكەم كىچىك جايلار ۋە بىرنەچچە مۇداپىئەلىك مۇنارلاردىن باشقا، شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى يوق ئىدى (8:2، 1:3، 11، 15، 19، 25، 2:7، 37:12-39).

شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدانىڭ پىلانىدا سىپىلنىڭ قۇرۇلۇشى مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ، مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن بىرخىل تەييارلىق ئىدى. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يەھيا پەيغەمبەر كېلىپ مەسىھنىڭ پادىشاھلىقىنى جاكارلىغۇچە بولغان تۆت يۈز ئەللىك يىلدا خۇدا مالاكى پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتىدىن باشقا (تەۋرات، «مالاكى») ئۆز خەلقىگە بېشارەت بەرمەي، جىمجىت بولۇۋالىدۇ. ھالبۇكى، «يېرۇسالېم ۋە سىپىلنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يارلىق» چۈشۈرۈلگەندىن باشلاپ خۇدانىڭ «بېشارەتلىك سائىتى» مەسىھنىڭ كېلىشىنىڭ ۋاقتى ـ سائىتىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى چېكىلداپ ساناپ بېرەلەيتتى: ــ

«شۇنى بىلىشىڭ ۋە چۈشىنىشىڭ كېرەككى، يېرۇسالېمنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بىنا قىلىش بۇيرۇقى جاكارلانغاندىن تارتىپ، مەسىھ دېگەن ئەمىر مەيدانغا چىققۇچە يەتتە ھەسسە «يەتتە ۋاقىت» قوشۇلغان ئاتمىش ئىككى ھەسسە «يەتتە ۋاقىت» ئۆتىدۇ. يېرۇسالېم شەھىرى يېڭىباشتىن بىنا قىلىنىپ، مەيدان ـ كوچىلار ۋە سېپىل ـ ئىستىھكام بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ، ئەمما بۇ بىسەرەمجان كۈنلەردە بولىدۇ» («دان.» 25:9).

«دانىيال»دىكى ئىزاھاتلاردا ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بۇ ئاجايىب بېشارەت ئۈستىدە توختالدۇق. خۇدانىڭ خەلقى بۇ بېشارەتنىڭ مەسىھنىڭ كېلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى كۈتكۈنىدە، دانىيال پەيغەمبەرنىڭ باشقا بېشارەتلىرى، بولۇپمۇ «دانىيال» 11ـبابتىكى بېشارەتلەر ئاشۇ تۆت يۈز «جىمجىتلىق» يىللاردا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى.

## ئەزرا بىلەن نەھەمىيادىن ئىبارەت بۇ ئىككى زاتنىڭ مۇناسىۋىتى

تەۋراتشۇناس بولغان كاھىن ئەزرا نەھەمىيادىن ئاۋۋال قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىبادەتخانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىبادەتتە، خالايىقنىڭ تەۋرات قانۇنىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە نىكاھ جەھەتتىكى ئىسلاھاتلارغا تۈرتكە ۋە ئىلھام بولغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن نەھەمىيانىڭ كۆڭۈل بۆلگىنى ئاۋۋال يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنى قايتا قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ تەرتىپى خۇدانىڭ ئۆز ئائىلىسىنى ئىدارە

قىلىشىدىكى روھىي تەرتىپتە مۇتلەق توغرىدۇر ــ «ئاۋۋال ئىچىدىكى ئىشلار، ئاندىن سىرتتىكى ئىشلار» دېگەن تەرتىپ بەك مۇھىم روھىي پرىنسىپتۇر. كېيىن، مەزكۇر كىتابتا نەھەمىيا بىلەن ئەزرانىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەنلىكىنى كۆرىمىز؛ بۇ ئىش ئۇلارنىڭ توپ مەقسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھەزرىتى ئەزرا ئەسلىدە بىر تەرەپ قىلغان («ئەزرا» 9-10-باب) «بۇتپەرەس قىز-ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش»، شۇنداقلا «يات ئەللىكلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن بۇلغىنىش» دېگەن مەسىلىلەر، شۇنداقلا شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا قىلمىشلار نەھەمىيانىڭ كۆنلىرىدە يەنە پەيدا بولغانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە بەلكىم سەل ھەيران قالارلىق تۇيۇلۇشى مۇمكىن («نەھەمىيا» 5- ۋە 13-بابلارنى كۆرۈڭ). ئەزرا خەلقنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىمەمتى؟ ئۇ مۇشۇ ئىشلار ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇردىمۇ؟ ئۇ نەدە ئىدى؟ بىز ئۇنىڭ بۇنداق قىلمىشلارغا كارى بولمىغىنىغا ئىشەنمەيمىز. مۇقەددەس يازمىلاردا مەلۇم ئىشلار توغرىسىدا گەپ بولمىسا بىزمۇ ھېچنېمە دېيەلمەيمىز، ئەلۋەتتە، بىراق ئەزرانىڭمۇ نەھەمىياغا ئوخشاشلا ئەسلىدە پارس پادىشاھى ئارتاخشاشتا تەرىپىدىن ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەنلىكىنى بىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋالىيلىق خىزمىتىنى («ئەزرا» 7:11-28) ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. نەھەمىيامۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئىدى («نەھ.» 6:13).

ئەزرا كېيىن ئىسمى-جىسمىغا لايىق (ئۇنىڭ ئىسمى «ياردەم» دېگەن مەنىدە) نەھەمىياغا ياردەم بېرىشكە يەنە بىر قېتىم پەلەستىنگە كېلىدۇ (1:8نى كۆرۈڭ). ئەمەلىيەتتە ئەزرانىڭ بىرىنچى قېتىمقى كېلىشىدىن «بۇتپەرەسلەر بىلەن نىكاھلىنىش» مەسىلىسى يەنە پەيدا بولغۇچە 28-29 يىل ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن (1:13، 5-6نى كۆرۈڭ). ئارىلىقتا نەھەمىيا پارس پايتەختىگە بېرىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋە شۇنداقلا ئەزرا يوق بولغان ۋاقىتلاردا ئىمان-ئېتىقادنىڭ شۇنداق سۇسلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقاش ھېچ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

# تەۋرات 17-قىسىم

# «ئەستەر»

## كىرىش سۆز

مەزكۇر كىتاب ئۆز گۈزەللىكى، ئىمان-ئېتىقادى ۋە جاسارەتلىكى بىلەن ئۆز خەلقى يەھۇدىيلارنى مۇتلەق ھالاكەتتىن قۇتقۇزغان «خانىش ئەستەر»نىڭ تارىخىدىن ئىبارەتتۇر.

### ئارقا كۆرۈنۈشى

پارس ئىمپېراتورى قورەش يەھۇدىي خەلقىگە بابىلدىكى سۈرگۈنلۈكتىن ئۆز يۇرتى پەلەستىنگە (قانائان زېمىنىغا) قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت بەرگەنىدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 536-يىلى). ھالبۇكى، خۇداغىلا سادىق بولغان بىر «قالدىسى»لا شۇنداق قىلدى؛ يەھۇدىي خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يەردە قېلىپ، يېڭى پارس ئىمپېرىيەسى زېمىنلىرىدا تارقاق ھالدا تۇرۇۋېرىشكە رازى بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە موردىكاي ئىسىملىك ئىخلاسمەن بىر ئادەم بىلەن ئۇ بېقىۋېلىپ چوڭ قىلغان، تاغىسىنىڭ گۈزەل قىزى ئەستەر بار ئىدى.

بۇ ۋاقىت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 482-يىلى بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدىكى ئىمپېراتور ئاھاشۋېروش (يەنى كسەركسىس، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 485-465-يىللار) پارس ئىمپېراتورلىرى ئىچىدە ئەڭ بايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئىمپېرىيەنىڭ 127 ئۆلكىسىدىكى بارلىق ۋەزىر-ۋۇزرالار، ئەمىر-بەگلەر ۋە ئەمەلدارلار، شۇنداقلا قوشۇن سەردارلىرى ئۈچۈن ئالتە ئايلىق كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدۇ (تارىخشۇناسلارنىڭ پىكرىچە، بۇ زىياپەتنىڭ مەقسىتى گرېتسىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ ئۇنى ئىگىلەشنى پىلانلاش، شۇنداقلا مۇشۇ ئەمەلدارلىرىنى شۇنىڭغا مايىل قىلىش ئىدى).

زىياپەتنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى، ئاھاشۋېروش پادىشاھ پايتەختى، شۇنداقلا چوڭ قەلئەسى جايلاشقان شۇشان شەھىرىدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئالاھىدە مېھمان قىلىدۇ. شۇ دەۋرلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە ئەر-ئاياللار ئايرىم غىزالىناتتى. ھالبۇكى، پادىشاھ (شۈبھىسىزكى، مەغرۇرلۇقىنىڭ تۈرتكىسى ۋە كۆپ شارابنىڭ تەسىرى بىلەن) ئايالى ۋاشتى خانىشنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى بارلىق مېھمانلارغا كۆرسەتمەكچى بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئايالىمنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ، مېنى ناھايىتى ئۆتكۈر، پەم-پاراسەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك پادىشاھ ئىكەن، دەپ ئويلايدۇ، دەپ قالغانىدى. لېكىن ۋاشتى زىياپەتكە قاتنىشىشنى رەت قىلدى. زىياپەتكە قاتناشقانلاردىن كۆپ ئادەملەر ئاللىقاچان مەست قەيپىگە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن بولغاچقا، ۋاشتىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغىنىنى ئوبدان چۈشىنىمىز، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇنىڭ رەت قىلىشى پادىشاھنى تەڭلىكتە قالدۇردى ــ ئۇنىڭ يۈزى كاتتا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە سەردارلىرىنىڭ قىز-ئاياللىرى شۇ ئىشنى ئاڭلاپ، ۋاشتىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز ئەرلىرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ ئاۋارىچىلىك كەلتۈرمەسمۇ؟ شۇڭا گەرچە ئۇ ۋاشتىغا بەك ئامراق بولسىمۇ، مەسلىھەتچىلىرى ئۇنىڭغا ۋاشتىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارە ئەدىبىنى بەرمىسىلا بولمايدۇ، ئۇنى ئۆمۈرۋايەت قايتىدىن ھۇزۇرلىرىغا كەلتۈرمىگەيلا، دەيدۇ. پادىشاھمۇ شۇنداق بېكىتىدۇ، لېكىن كېيىن ۋاشتىنى سېغىنىپ يالغۇزچىلىق تارتىدۇ. ئەمەلدارلىرى بەلكىم ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كاللىمىز كېتىشى مۇمكىن، دەپ قورقۇپ ئۇنىڭغا: ــ «گۈزەللىك مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈپ، ئالىيلىرى ئۈچۈن يېڭى بىر خانىش تاپايلى، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىش دەپ قارالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئون ئىككى ئاي تەييارلىق قىلىنىش كېرەك ئىدى. ئەستەر دېگەن قىز ئۆز يۇرتىدىن مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تاللىنىدۇ ۋە ئاخىردا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، خانىش بولۇشقا تاللىنىپ، ئىمپېراتورنىڭ ئەڭ ئامراق ئايالى بولۇپ قالىدۇ.

مۇشۇ ئەھۋالدا موردىكاي ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يەھۇدىي سالاھىيىتىنى يوشۇرۇشنى نەسىھەت قىلغانىدى؛ ئىمپېرىيەدە يەھۇدىي خەلقىگە ئۆچلەر ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلاردىن بىرى، پادىشاھنىڭ سەردارلىرىنىڭ بىرى، ئامالەك مىللىتىدىن بولغان ئاگاگىي ھامان ئىسىملىك بىر كىشى ئىدى. ئامالەكلەرنىڭ ئىسرائىلغا نىسبەتەن

ئالاھىدە بىرخىل ئۆچمەنلىكى بار ئىدى («مىس.» 8:17-19، «قان.» 25:17-19). ھاماننىڭ ئەجدادى ئاگاگ پادىشاھنى سامۇئىل پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى («1سام.» 15-باب)؛ شۈبھىسىزكى، شۇ سەۋەبتىن ئاگاگ جەمەتىدىكىلەر بارلىق يەھۇدىيلارغا تېخىمۇ قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەنىدى. پادىشاھ شۇ ھاماننى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى بارلىق ئەمىرلىرىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. ھەتتا باشقا ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا تەزىم قىلىدۇ. لېكىن بىرلا ئادەم ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشنى رەت قىلىدۇ ــ ئۇ بولسىمۇ، موردىكاي ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۈبھىسىزكى، ھامان ئامالەكلىك بولغاچقا، ئۇ خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنى، دەپ قارىغانلىقتىن ئىدى («قان.» 25:17-19نى يەنە كۆرۈڭ).

موردىكاينىڭ تەزىم قىلماسلىقى ھاماننىڭ قاتتىق قەھرىنى قوزغايدۇ. لېكىن پەقەت موردىكايدىن ئىنتىقام ئېلىشلا ھامانغا كۇپايە قىلمايتتى. ئۇ: ــ مەن ھازىر پۈتكۈل پارس ئىمپېرىيەسىدە ئەڭ چوڭ ئەمەلدارلاردىن بىرىمەن، ئۆز دۈشمەنلىرىم بولغان پۈتكۈل ئىسرائىل مىللىتىنى يوقىتىش پەيت-پۇرستى كەلدى، دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ــ ئىمپېرىيەلىرى ئىچىدە ناھايىتى تۇترۇقچى ۋە ئاسىي بىر مىللەت بار، ئۇلارنى يوقىتىش كېرەك، يارلىق چۈشۈرگەيلا، دەپ پادىشاھنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەپ بەك چوڭ پارا بېرىدۇ. بىزنى ھەيران قالارلىق ئىشى شۇكى، پادىشاھ: «قايسى مىللەت؟» دەپ سورىمايلا ئۇنىڭ تەلىپىگە يول قويۇپ، يارلىق چۈشۈرىدۇ. يارلىقتا، پۈتۈن ئىمپېرىيە بويىچە مەلۇم بىر كۈندە (ھامان پالچىلىق قىلىپ بېكىتكەن «قۇتلۇق كۈن»دە) كىم خالىسا يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلسا بولىدۇ، دەپ يېزىلىدۇ.

ئەمدى بارلىق ئىسرائىل خەلقى ئۈچۈن دەھشەتلىك بىر مەزگىل كەلگەنىدى. ئەستەر ئۈچۈن ئىككىلا يول بار ئىدى. ئۇ گەرچە يەھۇدىي مىللىتىدىن بولسىمۇ، سۈكۈت قىلىپ سالاھىيىتىنى ئاشكارە قىلمىسا، ئامان-ئېسەن قالاتتى. بولمىسا، ئۇ سالاھىيىتىنى ئايان قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئۆز خەلقىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەشكە بېرىپ، ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلاتتى. پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىنماي تۇرۇپ كىرىشنىڭ ئۆزى خەتەرلىك ئىش ئىدى ــ مۇبادا پادىشاھ كىرگەن كىشىنى ئۆز ئىشىمغا دەخلى يەتكۈزدى، دەپ قارىسا، خانىش ياكى باللىرى بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر، ئۆلۈم جازاسى بېرەلەيتتى.

ئۆزى ۋە شۇشاندىكى يەھۇدىي قېرىنداشلىرى بىر مەزگىل روزا تۇتقان (شۇبھىسىزكى، چىن كۆڭۈللىرىدىن دۇئا-تىلاۋەتلەر قىلغان)دىن كېيىن، ئەستەر ھاياتىنى تەۋەككۈل قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردۇ.

پادىشاھ ئۇنى قارشى ئالدۇ؛ ئەستەر پادىشاھنى ۋە سەردارى ھاماننى بىرگە ئۆز زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ زىياپەتتىن كېيىن يەنە بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە زىياپەت ئۈستىدە پادىشاھ ئەستەردىن، نېمە تەلىپىڭ بار، دەپ سورايدۇ. شۇ پەيتتە ئەستەر ئۆز مىللىتىنى ئايان قىلىپ ھاماننىڭ ئۆز خەلقىنى يوقىتىش سۇيىقەستىنى بايان قىلىدۇ. «مېدىئا ۋە پارسلارنىڭ يارلىقى»نى بولسا بىكار قىلىشقا ھەرگىز بولمايتتى؛ ھالبۇكى، يەھۇدىي خەلقىگە ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرۇپ قوغداش ھوقۇقى بېرىلسۇن، شۇنداقلا يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇلارغا ياردەمدە بولسۇن، دېگەن ئىككىنچى بىر يارلىق چۈشۈرۈلىدۇ. شۇ يول بىلەن يەھۇدىي خەلقى شۇ خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇلىدۇ؛ ھامان ئەسلىدە موردىكاي ئۈچۈن تەييارلىغان دارغا ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئون ئوغلى ئېسىلىدۇ. موردىكاي بولسا پادىشاھنىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

مۇشۇ چوڭ قۇتقۇلۇشنى، شۇنداقلا ئەستەرنىڭ جاسارىتى ۋە ئېتىقادىنى ئەسلەش ئۈچۈن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىگە يېڭى بىر ھېيت-بايرام، يەنى «پۇرىم ھېيتى»نى بېكىتىدۇ. ئۇلار بۈگۈنگە قەدەر ئۇنى تەبرىكلەيدۇ.

«ئەستەر» دېگەن كىتابنىڭ كۆپ تەپسىلاتلىرى پارس ئىمپېرىيەسى دەۋردىن قالدۇرۇلغان، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىلەن تەستىقلانغان. مەسىلەن، موردىكاينىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن بىر تاش تاختاي تېپىلغان.

«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە كىتابتىكى ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان بىرنەچچە نۇقتا ئۈستىدە يەنە ئازراق توختىلىمىز.

## مەزمۇن: -

I – خەۋپ-خەتەر (1-5-باب)
1-باب – ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇش
2-3 باب – پادىشاھنىڭ بىرىنچى يارلىقى
4-5 باب – ھاماننىڭ موردىكايغا بولغان ئۆچمەنلىكى
II – پادىشاھنىڭ ئۇيقۇسىزلىقى (6-باباتا)
III – قۇتۇلۇش (6-9-باب)
6-7 باب – موردىكاي ھاماننىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ
8-9 باب – پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يارلىقى
IV – خاتىمە (10-باب)

# ئەستەر

## پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالارغا كاتتا زىياپەت بېرىشى

1 [1]ئاھاشۋېروش (ھىندىستاندىن ھەبەشىستانغىچە بىر يۈز يىگىرمە يەتتە ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاھاشۋېروش)نىڭ تەختتىكى كۈنلىرىدە شۇنداق بىر ۋەقە بولدى: ــ

[2]شۇ كۈنلەردە، ئۇ پادىشاھ ئاھاشۋېروش شۇشان قەلئەسىدىكى شاھانە تەختىدە ئولتۇرغىنىدا، [3]ئۇ سەلتەنەت سۈرۈپ ئۈچىنچى يىلى بارلىق ئەمىرلىرى ۋە بەگ-ھاكىملىرىغا زىياپەت بەردى؛ پارس ۋە مېدىئانىڭ قوشۇنى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئېسىلزادىلىرى ۋە بەگلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولدى. [4]ئۇ سەلتەنىتىنىڭ بايلىقىنىڭ شانۇ-شەۋكىتى ۋە ھەيۋىتىنىڭ كاتتا جۇلاسىنى كۆپ كۈنلەر، يەنى بىر يۈز سەكسەن كۈن كۆرگەزمە قىلدى. [5]بۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پادىشاھ يەنە شۇشان قەلئەسىدىكى بارلىق خەلققە چوڭ-كىچىك دېمەي، ئوردىنىڭ چارباغدىكى ھويلىدا يەتتە كۈن زىياپەت بەردى. [6]ئۇ يەر ئاق ۋە كۆك كەندىر يىپتىن توقۇلغان

1:1 **«ئاھاشۋېروش»** ــ پارس ئىمپېراتورى بولغان مۇشۇ «ئاھاشۋېروش» «كسەركسىس I»نىڭ ئۆزى شۇ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 486-464-يىللار). ئىسپات باركى، «ئاھاشۋېروش» (پارس تىلدا «ئاھاشۋېروش»، گرېك تىلدا «كسەركسىس» دېيىلدۇ) دېگەن سۆز كىشىنىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى پارس ئىمپېراتورىنىڭ ئومۇمىي بىر ئۇنۋانى ئىدى. **«ھەبەشىستان»** ــ ھازىرقى ئېفىئوپىيە.

2:1 **«شۇشان»** ــ گاھى ۋاقىتلاردا «سۇزا» دەپ ئاتىلىدۇ.

3:1 **«مېدىئانىڭ قوشۇنى»** ــ بەزى ئالىملار بۇ سۆزنى «مېدىئانىڭ قوشۇن سەردارلىرى» دەپ چۈشىنىدۇ.

4:1 **«ئۇ ... زىياپەت بەردى... ...سەلتەنىتىنىڭ بايلىقىنىڭ شانۇ-شەۋكىتى ۋە ھەيۋىتىنىڭ كاتتا جۇلاسىنى... كۆرگەزمە قىلدى»** ــ بەزى تارىخشۇناسلار شۇ كاتتا زىياپەتنىڭ مەقسىتى پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ جاۋان (گرېتسىيە)گە تاجاۋۇز قىلىشىنى پىلانلاش ۋە تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى، دەپ قارايدۇ.

پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، بۇ پەردىلەر مەرمەر تاش تۈۋرۈكلەرگە بېكىتىلگەن كۈمۈش ھالقىلارغا ئاق رەڭلىك كەندىر يىپ ۋە سۆسۈن يۇڭلۇق شوينىلار بىلەن ئېسىلغانىدى؛ ئاق قاشتاش ۋە ئاق مەرمەر تاشلار، سەدەپ ۋە قارا مەرمەر تاشلار ياتقۇزۇلغان مەيدان ئۈستىگە ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان دىۋانلار قويۇلغانىدى.[7] ئىچىملىكلەر ئالتۇن جاملاردا تۇتۇپ ئىچىلەتتى؛ جاملار بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى؛ شاھانە مەي-شارابلار پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىگە يارىشا مول ئىدى. [8]شاراب ئىچىش قائىدىسى بويىچە، زورلاشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى؛ چۈنكى پادىشاھ ئوردىدىكى بارلىق غوجىدارلارغا، ھەركىمنىڭ ئىچىشى ئۆز خاھىشى بويىچە بولسۇن، دەپ بېكىتىپ بەرگەنىدى. [9]خانىش ۋاشتىمۇ پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ ئوردىسىدا ئاياللار ئۈچۈن زىياپەت بەردى.

## خانىش ۋاشتىنىڭ يارلىققا قارشىلىق كۆرسىتىشى

[10]يەتتىنچى كۈنى ئاھاشۋېروش پادىشاھ شارابتىن كەيپى چاغ بولغىنىدا، ئالدىدا خىزمىتىدە تۇرغان مەھۇمان، بىزتا، ھاربونا، بىگتا، ئاباگتا، زېتار، كاركاس دېگەن يەتتە ھەرەمئاغىسىنى[11] خانىش ۋاشتىنىڭ پۇقرالار ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا گۈزەللىكىنى كۆرسەتسۇن دەپ، ئۇنى خانىشلىق تاجىنى كىيىپ كېلىشكە چاقىرغىلى ئەۋەتتى؛ چۈنكى ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. [12]لېكىن ھەرەمئاغىلىرى خانىش ۋاشتىغا پادىشاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەندە، ئۇ كېلىشنى رەت قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ قەھرى ئۆرلىدى.

6:1 **«ئاق قاشتاش»** ــ ياكى «قىزىل مەرمەر».

10:1 **«يەتتە ھەرەمئاغىسى»** ــ ھەرەمئاغىلىرى ئوردىدىكى نۇرغۇن ئىشلاردا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان خىزمەتچىلەر بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئۇلار ئوردا توقاللىرىنى باشقۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل بولاتتى. ئۇلار پىچىۋېتىلگەن ئەرلەر بولۇپ، قىزلارغا چېقىلمايتتى ۋە پەرزەنتمۇ قالدۇرالمايتتى.

## ۋاشتىنىڭ خانىشلىقتىن قالدۇرۇلۇشى

[13] شۇ ۋاقىتلاردا پادىشاھنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق قانۇن-ئەھكاملارنى پىششىق بىلگەنلەردىن مەسلىھەت سوراش ئادىتى بار ئىدى؛ شۇڭا پادىشاھ ۋەزىيەتنى پىششىق چۈشىنىدىغان دانىشمەنلەردىن سورىدى [14](ئۇ چاغدا دانىشمەنلەردىن ئۇنىڭ يېنىدا كارشىنا، شېتار، ئادماتا، تارشىش، مەرەس، مارسېنا، مەمۇكان قاتارلىق يەتتە پارس بىلەن مېدىئانىڭ ئەمىرلىرى بار ئىدى؛ ئۇلار دائىم پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى، پادىشاھلىقتا ئۇلار ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى). [15] پادىشاھ ئۇلاردىن: ــ خانىش ۋاشتى مەنكى پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ ھەرەمئاغىلار ئارقىلىق يەتكۈزگەن ئەمرىم بويىچە ئىش قىلمىغىنى ئۈچۈن ئۇنى قانۇن بويىچە قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ــ دەپ سورىدى.

[16] مەمۇكان پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا جاۋاپ بېرىپ: ــ خانىش ۋاشتى ئالىيلىرىنىڭ زىتىغا تېگىپلا قالماي، بەلكى پادىشاھىمىز ئاھاشۋېروشنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى بارلىق ئەمىرلەر ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭمۇ زىتىغا تەگدى. [17] چۈنكى خانىشنىڭ شۇ قىلغىنى بارلىق ئاياللارنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، ئۇلار «پادىشاھ ئاھاشۋېروش: «خانىشى ۋاشتىنى يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئەمر قىلسا، ئۇ كەلمەپتۇ!» دەپ ئۆز ئەرلىرىنى مەنسىتمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. [18] پارس ۋە مېدىئادىكى مەلىكە-خانىملار خانىشنىڭ بۇ ئىشىنى ئاڭلاپ، بۈگۈنلا پادىشاھنىڭ بارلىق بەگ-ئەمىرلىرىگە شۇنىڭغا ئوخشاش دەيدىغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەنسىتمەسلىك ۋە خاپىلىق ئۇزۇلمەيدۇ. [19] پادىشاھىمغا مۇۋاپىق كۆرۈنسە، ئالىيلىرىدىن مۇنداق بىر يارلىق چۈشۈرۈلسۇن، شۇنىڭدەك ئۇ پارسلار ۋە مېدىئالارنىڭ مەڭگۈ

---

14:1 **«دائىم پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «دائىم پادىشاھنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ تۇراتتى».

18:1 **«...خاپىلىق ئۈزۈلمەيدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «...خاپالىق كۆپايە بولىدۇ» ياكى «... خاپالىق يېتەرلىك بولىدۇ!».

ئۆزگەرتىلمەيدىغان قانۇن-بەلگىلىمىلىرى ئىچىگە پۈتۈلگەيكى، ۋاشتى ئىككىنچى پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ ھۇزۇرىغا كەلمىگەي؛ ئۇنىڭ خانىشلىق مەرتىۋىسى ئۇنىڭدىن ياخشى بىرسىگە بېرىلگەي.
[20] ئالىيلىرىنىڭ جاكارلىغان يارلىقى پۈتۈن سەلتەنىتىگە يېتىپ ئاڭلانغان ھامان (ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ زېمىنى بىپايان بولسىمۇ)، ئاياللارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئېرىگە، مەيلى چوڭ بولسۇن كىچىك بولسۇن ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ، ــ دېدى.
[21] مەمۇكاننىڭ بۇ گېپى پادىشاھ بىلەن ئەمىرلىرىنى خۇش قىلدى؛ پادىشاھ ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئىش كۆردى. [22] ئۇ پادىشاھنىڭ بارلىق ئۆلكىلىرىگە، ھەربىر ئۆلكىگە ئۆز يېزىقى بىلەن، ھەرقايسى ئەل-مىللەتكە ئۆز تىلى بىلەن خەتلەرنى ئەۋەتىپ: «ھەربىر ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسى ئىچىدە خوجايىن بولسۇن، شۇنداقلا ئۆز ئانا تىلى بىلەن سۆزلىسۇن» دېگەن ئەمرنى چۈشۈردى.

## يېڭى خانىش تاللاش

2 [1] بۇ ئىشلار ئۆتۈپ، پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ غەزىپى بېسىلغاندا، ئۇ ۋاشتىنى سېغىنىپ، ئۇنىڭ قىلغىنىنى ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان يارلىقى ھەققىدە ئەسلەپ ئويلىنىپ قالدى. [2] شۇسەۋەبتىن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە تۇرغان غوجدارلار ئۇنىڭغا: ــ ئالىيلىرى ئۈچۈن ساھىبجامال ياش قىزلارنى ئىزدەپ تېپىپ كەلتۈرگەيلا؛ [3] ئالىيلىرى پادىشاھلىقىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە بارلىق گۈزەل

---

19:1 **«پارسلار ۋە مېدىئالارنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرتىلمەيدىغان قانۇن-بەلگىلىمىلىرى ئىچىگە پۈتۈلگەيكى...»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، پارس-مېدىئا ئىمپېرىيەسىنىڭ بارلىق قانۇنلىرى چىقىرىلغاندىن كېيىن قەتئىي ئۆزگەرتىشكە، بىكار قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ بېكىتىلگەن
22:1 **«ئۆز ئانا تىلى بىلەن سۆزلىسۇن»** ــ بۇ سۆزنىڭ مەقسىتى بەلكىم ئەر كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدە قايسى تىلنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ھوقۇقى بار دەپ تەكىتلەش ئۈچۈن بولسا كېرەك.
1:2 **«ئەسلەپ ئويلىنىپ قالدى»** ــ ئىبرانىي تىلدا بۇ سۆزلەردىن بىرخىل پۇشايماننىڭ پۇرىقى چىقىدۇ.

قىزلارنى يىغىپ، شۇشان قەلئەسىدىكى ھەرەمسارايغا كەلتۈرۈشكە ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەيلا؛ قىزلار ئوردىدىكى قىز-ئاياللارغا مەسئۇل بولغان ھەرەمئاغىسى ھېگاينىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغاي؛ ئۇلارغا كېرەكلىك ئۈپا-ئەڭلىكلەر تەمىنلەنگەي. 4 ئالىيلىرىنى سۆيۈندۈرگەن قىز ۋاشتىنىڭ ئورنىنى بېسىپ خانىش بولسۇن، دېدى.
بۇ گەپ پادىشاھنى خۇش قىلدى ۋە ئۇ شۇنداق قىلدى.

## ئەستەرنىڭ ئوردىغا كىرگۈزۈلۈشى

5 شۇشان قەلئەسىدە بىنيامىن قەبىلىسىدىن، كىشنىڭ ئەۋرىسى، شىمەينىڭ نەۋرىسى، يائىرنىڭ ئوغلى موردىكاي ئىسىملىك بىر يەھۇدىي بار ئىدى 6 (كىش بولسا بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار يەھۇدا پادىشاھى يەكونىياھ بىلەن بىر توپ كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ يېرۇسالېمدىن ئەكەتكەندە، ئۇلار بىلەن بىللە ئەسىر قىلىنىپ كېتىلگەنىدى). 7 موردىكاي ئۆزىنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى ھاداسساھنى (يەنى ئەستەر) بېقىپ چوڭ قىلغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق ئىدى. بۇ قىز گۈزەل، تەقى-تۇرقى كېلىشكەن ئىدى؛ ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا موردىكاي ئۇنى ئۆز قىزى قاتارىدا بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. 8 پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋە يارلىقى جاكارلانغاندىن كېيىن نۇرغۇن قىزلار شۇشان قەلئەسىگە كەلتۈرۈلۈپ ھېگاينىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى؛ شۇنداق بولدىكى، ئەستەرمۇ ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپ ئوردىدىكى قىز-ئاياللارغا مەسئۇل بولغان ھېگاينىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. 9 ئەستەر ھېگايغا ياقqان بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتتى؛ ئۇ تېزلا ئۇنىڭغا ئۈپا-ئەڭلىك ۋە تېگىشلىك يېمەكلىكلەرنى تەمىنلىدى ھەم ئوردىدىن ئۇنىڭغا تاللانغان يەتتە كېنىزەكنى بەردى؛ ئاندىن ئۇنى كېنىزەكلىرى بىلەن ھەرەمسارايىنىڭ ئەڭ ئېسىل جايىدىن ئورۇن بەردى. 10 ئەستەر ئۆزىنىڭ مىللىتى ۋە تېگى-تەكتىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى، چۈنكى موردىكاي ئۇنىڭغا

6:2 2پاد. 14:24

بۇنى ئاشكارىلىماسلىقنى تاپىلىغانىدى. [11] مورىدىكاي ئەستەرنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ھەركۈنى ھەرەمسارايىنىڭ ھويلىسى ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. [12] قىزلارغا ئائىت رەسمىيەت بويىچە، ھەربىر قىزنىڭ ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ ئاھاشۋېروش بىلەن بىللە بولۇش نۆۋىتىدىن ئاۋۋال، ئون ئىككى ئاي بەدىنىنى تازىلىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى قىزلارنىڭ «تازىلىنىش كۈنلىرى» مۇنداق يول بىلەن ئادا قىلىناتتى: ــ ئالتە ئاي مۇرمەككى مېيى بىلەن، ئالتە ئاي ئەتىر-ئەڭلىك ۋە شۇنداقلا قىزلارنىڭ بەدىنىنى پاكىزلايدىغان باشقا بۇيۇملار بىلەن پەرداز قىلىنىشى كېرەك ئىدى. [13] قىز پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغان چاغدا مۇنداق قائىدە بار ئىدى: ــ ئوردىغا كىرگەندە ئۇنىڭ نېمە تەلىپى بولسا، شۇلار ھەرەمسارايدىن ئۇنىڭغا بېرىلەتتى. [14] قىز ئاخشىمى كىرىپ كېتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قايتىپ چىققاندا ھەرەمسارايىنىڭ «ئىككىنچى بۆلۈم»ىگە قايتۇرۇلۇپ، توقال-كېنىزەكلەرگە مەسئۇل بولغان پادىشاھنىڭ ھەرەمئاغىسى شائاشغازنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلاتتى؛ پادىشاھ ئۇ قىزغا ئامراق بولۇپ قېلىپ، ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرمىغۇچە، ئۇ ئىككىنچى ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ بىلەن بىللە بولمايتتى. [15] مورىدىكايىنىڭ تاغىسى ئابىخائىلنىڭ قىزى ئەستەر، يەنى مورىدىكاي ئۆز قىزى قىلىپ بېقىۋالغان قىزنىڭ پادىشاھ بىلەن بىللە بولۇشقا كىرىش نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇ قىزلارغا مەسئۇل بولغان پادىشاھنىڭ ھەرەمئاغىسى ھېگاي ئۆزىگە تەييارلاپ بەرگەن نەرسىلەردىن باشقا ھېچنەرسىنى تەلەپ قىلمىدى. ئەستەرنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالاتتى.

## ئەستەرنىڭ خانىش قىلىپ تىكلىنىشى

[16] پادىشاھ ئاھاشۋېروش سەلتەنەت سۈرۈپ يەتتىنچى يىلىنىڭ ئونىنچى ئېيىغا، يەنى تەبەت ئېيىغا كەلگەندە، ئەستەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە

بولۇشقا شاھانە ئوردىغا باشلاپ كىرىلدى .[17] پادىشاھ ئەستەرنى باشقا بارلىق قىزلاردىن ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، شۇنداقلا ئەستەر ئۇنىڭ ئىلتىپاتى ھەم ئامراقلىقىغا ئېرىشكەن بولغاچقا، پادىشاھ خانىش تاجىنى ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ، ئۇنى ۋاشتىنىڭ ئورنىغا خانىش قىلىپ تىكلىدى. [18]ئاندىن پادىشاھ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەمىرلىرى ۋە بەگ-ھاكىملىرىغا ئەستەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئۈچۈن كاتتا زىياپەت بەردى؛ ئۇ يەنە ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە باج-ئالۋاندىن ئازاد مەزگىل بولسۇن دەپ ئېلان چىقاردى ھەمدە شاھانە بايلىقلىرىدىن سېخىيلىق بىلەن ئىنئاملارنى بەردى.

## موردىكاينىڭ سۇيىقەستنى پاش قىلىشى

[19]ئىككىنچى قېتىم قىزلار شۇنداق يىغىلغان ۋاقىتتا موردىكاينىڭ ئوردا دەرۋازىسىدا ئولتۇرىدىغان ئورنى بار بولغانىدى [20](ئەستەر موردىكاينىڭ تاپىلىغىنى بويىچە، ئۆزىنىڭ مىللىتى ۋە تېگى-تەكتىنى يەنىلا باشقىلارغا ئېيتمىغانىدى؛ چۈنكى ئەستەر موردىكاينىڭ گېپىنى ئىلگىرى باققان ۋاقىتتىدا ئاڭلىغاندەك ئاڭلايتتى). [21]ئۇ كۈنلەردە، موردىكاي ئوردا دەرۋازىسىدىكى ئورنىدا ئولتۇرغان ۋاقىتتا، پادىشاھنىڭ بىگتان ۋە تەرەش دېگەن ئىككى

16:2 «**يەتتىنچى يىلىنىڭ ئونىنچى ئېيى**» ــ «ئەستەر» دېگەن كىتابتا ئايلار ئەگەر سان بويىچە ئېلىنغان بولسا، ئىبرانىي كالېندارىدىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئايلار ئىسمى بىلەن ئېلىنغان بولسا، پارس كالېندارىدىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇشبۇ ئايەتتىكى ۋاقىت تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 478-يىلىنىڭ ئون ئىككىنچى ئېيىغا توغرا كېلىدۇ.
18:2 «**باج-ئالۋاندىن ئازاد مەزگىل بولسۇن دەپ ئېلان چىقاردى**» ــ ياكى «دەم ئېلىش بولسۇن دەپ ئېلان چىقاردى». ئىبرانىي تىلىدا ««بىر «ئازاد» جاكارلىدى».
19:2 «**ئىككىنچى قېتىم قىزلار شۇنداق يىغىلغان ۋاقىت**» ــ بۇ «يىغىلىش» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھازىر ئېنىق ئەمەس. بەزى ئالىملار پادىشاھ ئەستەرنى خانىش دەپ تىكلىگەندىن كېيىن، ئىككىنچى بىر توقالنى ئالماقچى ئىدى، دەپ قارايدۇ. «موردىكاينىڭ ئوردا دەرۋازىسىدا ئولتۇرىدىغان ئورنى بار ئىدى» دېگەن سۆزلەر موردىكاينىڭ مەنسەپدار بولۇپ تىكلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى شۇ كۈنلەردە مەلۇم جاينىڭ ئەمەلدارلىرى ياكى ئاقساقاللىرى، شۇنداقلا سوراقچىلار ئىش بېجىرىش ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسىدا ياكى ئوردا دەرۋازىسىدا ئولتۇراتتى.

دەرۋازىۋەن ھەرەمئاغىسى پادىشاھ ئاھاشۋېروشقا غەزەپلىنىپ،
ئۇنىڭغا قول سېلىشنى قەستلەۋاتقانىدى.[22] بۇ سۇيىقەستنى
موردىكاي سېزىپ قېلىپ، ئۇنى خانىش ئەستەرگە ئېيتتى؛ ئەستەر
بۇ ئىشنى موردىكاينىڭ نامىدا پادىشاھقا سۆزلەپ بەردى.[23] بۇ ئىش
سۈرۈشتە قىلىنىۋىدى، راست بولۇپ چىقتى ۋە ئۇ ئىككىسى دارغا
ئېسىلدى. بۇ ۋەقە پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدا تارىخ-تەزكىرە كىتابىدا
پۈتۈلدى.

## ھاماننىڭ يەھۇدىيلارنىڭ نەسلىنى يوقىتىش سۇيىقەستى

3 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن پادىشاھ ئاھاشۋېروش ئاگاگىيلاردىن بولغان
ھاممەداتانىڭ ئوغلى ھاماننىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈردى؛ پادىشاھ
ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان بارلىق
ئەمىرلەرنىڭكىدىن يۇقىرى قىلدى.[2] پادىشاھ ئۇنىڭ ھەققىدە ئەمر
قىلغاچقا، ئوردا دەرۋازىسىدا تۇرغان پادىشاھنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى
ھاماننىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ باش ئۇراتتى؛ لېكىن موردىكاي بولسا
ھامانغا نە تەزىم قىلمىدى، نە باش ئۇرمىدى.[3] ئوردا دەرۋازىسىدا
تۇرغان پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى موردىكايدىن: ــ سىلى نېمىشقا
پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىدىلا؟ ــ دەپ سورايتتى.[4] شۇنداق
بولدىكى، ئۇلار ھەر كۈنى نەسىھەت قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇ قۇلاق

---

2:3 **«...موردىكاي بولسا ھامانغا نە تەزىم قىلمىدى، نە باش ئۇرمىدى»** ــ موردىكاينىڭ تەزىم قىلماسلىقى ياكى باش ئۇرماسلىقىنىڭ سەۋەبى بەلكىم تەۋراتتىكى «قان.» 17:25-19دىكى خاتىرە تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك. ھامان ئامالەك ئىدى، ئامالەكلەر بولسا ئىسرائىلنىڭ كونا رەقىبى ئىدى. ھامان ئەسلىدە سامۇئىل پەيغەمبەر ئۆلتۈرگەن ئامالەك بولغان ئاگاگ پادىشاھنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، بەلكىم يەھۇدىي خەلقىگە تېخىمۇ ئۆچ بولۇشى مۇمكىن («مىس.» 17:8-16، «1سام.» 17:15-23، «قان.» 17:25-19نى كۆرۈڭ).

—مەلۇم بىر كىشىگە تەزىم قىلىش تەۋراتقا خىلاپ ئىش ئەمەس. تەۋرات دەۋرىدە ئىسرائىللار ئۆز پادىشاھلىرىغا شۇنداق تەزىم قىلاتتى ياكى گاھى ۋاقىتلاردا بىر-بىرىگە تەزىم قىلاتتى. «يار.» 7:23، «1سام.» 8:24، «2سام.» 4:14، «1پاد.» 16:1نى كۆرۈڭ. ئۇ «بۇتپەرەسلىك» ھېسابلانمايتتى.

سالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار: ــ قېنى، موردىكاينىڭ قىلغان بۇ ئىشىغا يول قويۇلامدۇ-يوق، بىر كۆرەيلىچۇ، دەپ بۇنى هامانغا ئېيتتى؛ چۈنكى ئۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.
[5] هامان موردىكاينىڭ ئۆزىگە باش ئۇرۇپ تەزىم قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى. [6] لېكىن ئۇ «موردىكاينىڭ ئۈستىگە قول سېلىشنى كىچىككىنە بىر ئىش» دەپ ھېسابلىدى؛ چۈنكى ئۇلار موردىكاينىڭ مىللىتىنى ئۇنىڭغا دەپ قويغانىدى؛ شۇڭا ھامان ئاھاشۋېروشنىڭ پۈتكۈل پادىشاھلىقىدىكى يەھۇدىيلارنى، يەنى موردىكاينىڭ خەلقىنى بىراقلا يوقىتىش يولىنى ئىزدەپ يۈردى.

## ھاماننىڭ يەھۇدىيلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىشنى قەستلىشى

[7] پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ ئون ئىككىنچى يىلى بىرىنچى ئايدا، يەنى نىسان ئېيىدا، بىرسى ھاماننىڭ ئالدىدا قۇتلۇق ئاي-كۈننى بېكىتىش ئۈچۈن ھەر كۈن، ھەر ئاي بويىچە «پۇر»، يەنى چەك تاشلىدى، ئون ئىككىنچى ئايغا، يەنى «ئادار ئېيى»غا چىقتى.
[8] ھامان پادىشاھ ئاھاشۋېروشقا: ــ پادىشاھلىقىڭىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى ئەل-مىللەتلەر ئارىسىدا چېچىلىپ ياشاۋاتقان بىر خەلق بار؛ ئۇلارنىڭ قانۇن-بەلگىلىمىلىرى باشقا خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئالىيلىرىنىڭ قانۇن-بەلگىلىمىلىرىگىمۇ بويسۇنمايدۇ؛ شۇڭا ئۇلارنىڭ ياشىشىغا يول قويۇش ئالىيلىرىغا ھېچ پايدا يەتكۈزمەيدۇ. [9] ئەگەر پادىشاھىمغا لايىق كۆرۈنسە، ئۇلارنى يوقىتىش توغرۇلۇق يارلىق پۈتۈپ چۈشۈرگەيلا؛ مانا مەن ئۆز يېنىمدىن ئون مىڭ تالانت كۈمۈشنى ئالىيلىرىنىڭ خەزىنىلىرىگە سېلىش

4:3 «موردىكاينىڭ قىلغان بۇ ئىشىغا يول قويۇلامدۇ-يوق، بىر كۆرەيلىچۇ؟» ــ ئىبرانىي تىلدا «موردىكاينىڭ ئىشلىرى تۇرالامدۇ-يوق، بىر كۆرەيلىچۇ؟» دېيىلىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «قېنى موردىكاي گېپىدە ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرالامدىكىن، بىر كۆرەيلىچۇ؟».
7:3 ««پۇر»، يەنى چەك ... ئون ئىككىنچى ئايغا، يەنى «ئادار ئېيى»غا چىقتى» ــ چەكنىڭ ئون ئىككىنچى ئايغا چىقىشى ئىنتايىن ئاجايىب ئىش ئىدى. بىز شۇ ئىش توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

ئۈچۈن پادىشاھلىقىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خادىملارنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن، دېدى.
[10] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۈزۈكىنى بارمىقىدىن ئۈزۈكنى سىيرىپ چىقىرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ رەقىبى، ئاگاگىي ھاممېداتانىڭ ئوغلى ھامانغا بېرىپ: [11] — شۇ كۈمۈشلەرنى ئۆزۈڭگە ئىنئام قىلدىم، ئۇ خەلقنىمۇ ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇلارنى قانداق قىلىشنى خالىساڭ، شۇنداق قىل! — دېدى.

## پادىشاھنىڭ ھاماننىڭ يەھۇدىيلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىشى

[12] ئاندىن بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ كاتىپلىرى چاقىرىلىپ، يارلىق ھاماننىڭ بارلىق تاپىلىغىنى بويىچە پۈتۈلدى؛ ئۇ ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئۆز يېزىقىدا، ھەرقايسى ئەل-مىللەتكە ئۆز تىلىدا يازدۇرۇلۇپ، ھەربىر ئۆلكىلەرنىڭ ۋالىيلىرىغا، ھەربىر ئەل-مىللەتنىڭ ئەمىرلىرىگە ئەۋەتىلدى؛ يارلىق پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ نامىدا پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈزۈك مۆھۈرى بىلەن پېچەتلەندى.
[13] يارلىق مەكتۇپلىرى چاپارمەنلەرنىڭ قولى بىلەن پادىشاھلىقنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە يەتكۈزۈلدى؛ ئۇنىڭدا بىر كۈن ئىچىدە — ئون ئىككىنچى ئاينىڭ، يەنى ئادار ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى قېرى-ياش، باللار ۋە ئاياللار دېمەي، بارلىق يەھۇدىيلارنى قويماي قىرىپ،

9:3 **«ئون مىڭ تالانت»** — بىر «تالانت»نىڭ تويتوغرا قانچىلىك ئىكەنلىكى ھازىر بىزگە نامەلۇم، پارس ئىمپېرىيەسى بويىچە بەلكىم 43-45 كىلوگرام بولۇشى مۇمكىن؛ شۇڭا 10000 تالانت كۈمۈش بەلكىم ئاز دېگەندە 340 توننىچە بولاتتى؛ بۇ پەۋقۇلئاددە كۆپ پۇل پادىشاھنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا باراۋەر بولۇپ، پارا ھېسابلىناتتى؛ شۈبھىسىزكى، مۇشۇ پارا بەلكىم يەھۇدىي خەلقى يوقىتىلسا، ئۇلار تاپشۇرىدىغان باجلارنىڭ ئورنىغا بولسۇن دەپ بېرىلگەن؛ لېكىن ئۇ يەھۇدىيلار تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. ھامان «خەلق»نىڭ يەھۇدىي خەلقى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشقا پېتىنالمىدى؛ چۈنكى بۇرۇنقى پارس ئىمپېراتورلىرى يەھۇدىي خەلقىگە چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەلگەنىدى.

11:3 **«شۇ كۈمۈشلەرنى ئۆزۈڭگە ئىنئام قىلدىم»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەمدى بۇ سېنىڭ پۇلۇڭ بولغاندىن كېيىن، قوبۇل قىلاي».

ئۆلتۈرۈپ، نەسلى قۇرۇتۇۋېتىلسۇن، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى ئولجا قىلىنسۇن، دېيىلگەنىدى.[14] شۇ يارلىق ھەربىر ئۆلكىدە جاكارلىنىش ئۈچۈن، شۇنداقلا شۇ كۈنى ھەربىر خەلق شۇنداق قىلىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، مەكتۇپنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ھەربىر ئەل-مىللەتكە ئېلان قىلىنماقچى بولدى.[15] چاپارمەنلەر پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە دەرھال يولغا چىقتى؛ يارلىق شۇشان قەلئەسىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئېلان قىلىندى. بۇ چاغدا پادىشاھ هامان بىلەن شاراب ئىچىشكە ئولتۇرغانىدى. لېكىن شۇشان شەھىرىدىكىلەر دەككە-دۈككىگە چۈمۈپ كېتىشتى.

## يەھۇدىيلارنىڭ يارلىق تۈپەيلىدىن قايغۇغا چۈمۈشى ۋە روزا تۇتۇشى

4 [1] موردىكاي بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئېگىنلىرىنى يىرتىپ، ئۈستىگە بۆز ئارتىپ، ۋە ئۈستى-بېشىغا كۈل چېچىپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ ناھايىتى قاتتىق ۋە ئەلەملىك پەرياد كۆتۈردى.[2] ئۇ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى؛ چۈنكى بوز يېپىنغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىشىگە رۇخسەت يوق ئىدى.[3] پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋە يارلىقى يەتكۈزۈلگەن ھەرقايسى ئۆلكىلەردە يەھۇدىيلار ئارىسىدا قاتتىق نالە-پەرياد كۆتۈرۈلدى؛ ئۇلار روزا تۇتۇپ، كۆز يېشى قىلىپ، يىغا-زار قىلدى؛ نۇرغۇن كىشىلەر بوز يېپىنىپ كۈلدە ئېغىناپ يېتىشتى.

## موردىكاينىڭ ئەستەردىن پادىشاھتىن رەھىم تىلىشنى تەلەپ قىلىشى

[4] ئەستەرنىڭ خىزمىتىدە بولغان دېدەكلىرى ۋە ھەرەمئاغىلىرى بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋىدى، خانىشنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن ئېغىر بولدى؛ موردىكاينىڭ بوزنى تاشلاپ، كىيىۋېلىشىغا كىيىم-كېچەك

چىقارتىپ بەردى، لېكىن موردىكاي قوبۇل قىلمىدى. 5 شۇنىڭ بىلەن ئەستەر ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا پادىشاھ تەيىنلەپ ئەۋەتكەن ھەرەمئاغىلىرىدىن ھاتاق ئىسىملىك بىرىنى چاقىرىپ، ئۇنى موردىكايىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن بولۇۋاتقانلىقىنى تىڭ-تىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. 6 شۇنىڭ بىلەن ھاتاق ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيدانغا كېلىپ موردىكاي بىلەن كۆرۈشتى. 7 موردىكاي بېشىغا كەلگەن ھەممە ئىشنى، ھامان يەھۇدىيلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ خەزىنىلىرىگە تاپشۇرۇشقا ۋەدە قىلغان كۈمۈشنىڭ سانىنى قالدۇرماي ئېيتىپ بەردى. 8 موردىكاي يەنە ھاتاققا شۇشاندا جاكارلانغان، يەھۇدىيلارنى يوقىتىش توغرىسىدىكى يارلىقنىڭ كۆچۈرمىسىنى ئەستەرنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە تاپشۇردى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەستەرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆز خەلقى ئۈچۈن پادىشاھتىن ئۆتۈنۈپ ئىلتىجا قىلىپ بېقىشقا ئۇندەشنى تاپىلىدى.
9 ھاتاق قايتىپ كېلىپ موردىكايىنىڭ گەپلىرىنى ئەستەرگە يەتكۈزدى.
10 ئەستەر ھاتاققا موردىكايغا ئېيتىدىغان گەپلەرنى تاپشۇرۇپ، ئۇنى موردىكايىنىڭ يېنىغا يەنە ئەۋەتتى: —
11 «پادىشاھنىڭ بارلىق خىزمەتكارلىرى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە خەلقلىرى، مەيلى ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن، چاقىرتىلماي تۇرۇپ ئىچكى ھويلىغا، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆز مەيلىچە كىرسە، پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئالتۇن ھاسىسىنى تەڭلەپ ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلمىسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشىگە نىسبەتەن بېشىغا چۈشىدىغان بىرلا قانۇن-بەلگىلىمە باردۇر: — ئۇ ئۆلۈم جازاسىنى تارتىدۇ. ھازىر مېنىڭ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرتىلمىغىنىمغا ئوتتۇز كۈن بولدى».
12 ئەستەرنىڭ سۆزلىرى موردىكايغا يەتكۈزۈلۈۋىدى، 13 موردىكاي مۇنۇ گەپلەرنى ئەستەرگە يەتكۈزۈشنى ھاۋالە قىلدى: —
«سەن كۆڭلۈڭدە مەن ئوردىدا ياشاۋاتىمەن، شۇڭا بارلىق باشقا

يەھۇدىيلاردىن بىخەتەر بولۇپ قۇتۇلمەن، دەپ خىيال ئەيلىمە. [14] ئەگەر بۇ چاغدا سەن جىم تۇرۇۋالساڭ، يەھۇدىيلارغا باشقا تەرەپتىن مەدەت ۋە نىجات چىقىشى مۇمكىن؛ لېكىن ئۇ چاغدا سەن ئۆز ئاتا جەمەتىڭ بىلەن قوشۇلۇپ يوقىتىلىسەن. كىم بىلسۇن، سېنىڭ خانىشلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكىنىڭ دەل بۇگۈنكى مۇشۇنداق پەيت ئۈچۈن بولغانمۇ؟».

[15] ئەستەر موردىكايغا مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى: ـ [16] «سەن بېرىپ، شۇشاندىكى بارلىق يەھۇدىيلارنى يىغقىن؛ مېنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتۇپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز ھېچ يېمەڭلار، ھېچ ئىچمەڭلار؛ مەن ھەم دېدەكلىرىممۇ شۇنداق روزا تۇتىمىز. ئاندىن كېيىن مەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىمەن، ماڭا ئۆلۈم كەلسە، ئۆلەي!».

[17] شۇنىڭ بىلەن موردىكاي ئۇ يەردىن كېتىپ، ئەستەرنىڭ تاپىلىغىنىدەك قىلدى.

## ئەستەرنىڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ پادىشاھ بىلەن ھاماننى مېھمان قىلىشى

5 [1] ئۈچىنچى كۈنى ئەستەر شاھانە كىيىملىرىنى كىيىپ، ئوردىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىغا كىرىپ، پادىشاھنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇردى؛ پادىشاھ بولسا ئۆز شاھانە ئۆيىدىكى تەختىدە، ئۆيىدىن دەرۋازىغا قاراپ ئولتۇراتتى. [2] پادىشاھ خانىش ئەستەرنىڭ ھويلىدا تۇرغىنىنى كۆردى؛ خانىش ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات تاپقاچ، ئۇ قولىدىكى ئالتۇن ھاسىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى. ئەستەر ئالدىغا كېلىپ شاھانە ھاسىنىڭ ئۇچىغا قولىنى تەگكۈزدى. [3] پادىشاھ

---

**14:4 «... سەن ئۆز ئاتا جەمەتىڭ بىلەن قوشۇلۇپ يوقىتىلىسەن»** ــ ئەگەر خۇدا يەھۇدىيلارنى باشقا يول بىلەن قۇتقۇزسا، ئەستەرنىڭ ئەھۋالى بەربىر ناھايىتى خەتەرلىك بولاتتى. چۈنكى شۇ چاغقىچە ئوردىدىكىلەردىن خېلى كۆپ ئادەملەر ئۇنىڭ موردىكايغا تۇغقان ۋە شۇنداقلا يەھۇدىي مىللىتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇنىڭدىن: ــ ئى خانىشىم ئەستەر، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟ ھەتتا پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلساڭمۇ شۇ ساڭا بېرىلىدۇ، دېدى.
[4] ــ ئەگەر ئالىيلىرىغا لايىق كۆرۈنسە، پادىشاھىمنىڭ ھامانىنى ئېلىپ ئۆزلىرىگە تەييارلىغان زىياپىتىمگە داخىل بولۇپ قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، ــ دېدى ئەستەر.
[5] پادىشاھ: ــ تېز بېرىپ ھامانىنى قىچقىرىپ كېلىڭلار، ئەستەرنىڭ دېگىنىدەك قىلىنسۇن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھامانىنى ئېلىپ ئەستەر تەييارلىغان زىياپەتكە باردى. [6] داستىخان ئۈستىدە شاراب ئىچىلىۋاتقاندا پادىشاھ ئەستەرگە: ــ نېمە تەلىپىڭ بار؟ ئۇ ساڭا بېرىلىدۇ؛ نېمە ئىلتىجايىڭ بار؟ ھەتتا پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلساڭمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ، دېدى. [7] ئەستەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ مېنىڭ تەلىپىم ۋە ئىلتىجايىم بولسا، ــ [8] مۇبادا مەن ئالىيلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بولسام، شۇنداقلا پادىشاھىمغا مېنىڭ تەلىپىمنى ئىجابەت قىلىش ھەم ئىلتىجايىمنى ئورۇنداش مۇۋاپىق كۆرۈنسە، ئالىيلىرىنىڭ ھامانىنى بىرگە ئېلىپ ئەتە سىلەرگە تەييارلايدىغان زىياپىتىمگە يەنە بىر قېتىم داخىل بولۇشلىرىنى ئۆتۈنىمەن؛ ئەتە مەن چوقۇم پادىشاھىمنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىمەن، ــ دېدى.

## ھاماننىڭ دار تەييارلىشى

[9] شۇ كۈنى ھامان كۆڭلىدە ياياراپ، خۇشال-خۇرام قايتىپ چىقتى؛ لېكىن موردىكاينىڭ ئوردا دەرۋازىسىدا ئۇنىڭ ئالدىدا نە ئورنىدىن قوپماي نە مىدىرلىماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، كۆڭلى ئۇنىڭغا قاتتىق قەھر-غەزەپكە تولدى. [10] لېكىن ھامان غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، ئۆيىگە كەلدى-دە، دوست-ئاغىنىلىرىنى ۋە خوتۇنى زەرەشنى چاقىرتىپ، [11] ئۆزىنىڭ بايلىقلىرىنىڭ شان-شەرىپى، پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ ئۆزىنى قانداق ئۈستۈرۈپ بارلىق ھۆرمەت-

ئىززەتكە سازاۋەر قىلغانلىقى، ئۆزىنى قانداق قىلىپ پادىشاھنىڭ ھەممە ئەمىرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىدىن ئۈستۈن مەرتىۋىگە ئىگە قىلغانلىقى توغرىسىدا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ كەتتى.
[12] ھامان يەنە: ــ سىلەرگە دېسەم، خانىش ئەستەر مېنىڭدىن باشقا مېھمان چىللىماي، پەقەت پادىشاھ بىلەن ئىككىمىزنىلا ئۆزى تەييارلىغان زىياپەتكە چىللىغانىدى، ئەتىمۇ مېنى پادىشاھ بىلەن بىللە ئۆزى تەييارلىدىغان زىياپەتكە چىللىدى. [13] شۇغىنىسى، ئوردا دەرۋازىسىدا ئولتۇرغان ھېلىقى موردىكاي دېگەن يەھۇدىينى كۆرگىنىمدە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تولىمۇ مەنىسىز تۇيۇلىدۇ، دېدى.
[14] ئاندىن ئايالى زەرەش ۋە بارلىق دوست-ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ ئەللىك گەز ئېگىزلىكتىكى داردىن بىرنى تەييارلاپ، ئەتە ئەتىگەندە پادىشاھتىن موردىكاينى دارغا ئېسىشنى تەلەپ قىلسىلا بولمىدىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن خۇشال يايرىغان ھالدا پادىشاھ بىلەن بىللە زىياپەتكە بارسىلا، دېيىشتى. بۇ گەپ ھامانىنى خۇش قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دار ياساتتىپ قويدى.

## پادىشاھنىڭ موردىكاينىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭغا ھەق بەرمىگەنلىكىنى بىلىشى

6 [1] شۇ كۈنى كېچىسى پادىشاھنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، تارىخ-تەزكىرنامىنى ئەكەلدۈردى ۋە بۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بېرىلدى. [2] بىر يەردە: «پادىشاھنىڭ بىگتانا، تەرەش دەيدىغان ئوردا دەرۋازىسىنى باقىدىغان ئىككى ھەرەمئاغىسى بار ئىدى، ئۇلار پادىشاھ ئاھاشۋېروشقا قول سېلىشقا قەستلىگەندە، موردىكاي بۇ ئىشنى پاش قىلىپ خەۋەر يەتكۈزگەن، دەپ پۈتۈلگەنىدى.
[3] پادىشاھ: ــ بۇ ئىش ئۈچۈن موردىكايغا قانداق نام-شۆھرەت ۋە ئىززەت-ئىكرام نائىل قىلىندى؟ ــ دەپ سورىدى.
ئۇ ھېچ نېمىگە ئېرىشمىدى، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى پادىشاھنىڭ

يېنىدىكى خىزمەتتە بولغان غۇلاملىرى.

4 — ئوردا ھويلىسىدا كىم بار؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ. بۇ چاغدا ھامان پادىشاھتىن موردىكاينى ئۆزى تەييارلاپ قويغان دارغا ئېسىشنى تەلەپ قىلغىلى كېلىپ، ئوردىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىغا كىرگەنىدى.

5 — مانا، ھامان ھويلىدا تۇرىدۇ، — دېيىشتى پادىشاھنىڭ غۇلاملىرى ئۇنىڭغا.

كىرسۇن، — دېدى پادىشاھ. 6 ھامان كىرىۋىدى، پادىشاھ ئۇنىڭدىن: — پادىشاھ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىشنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە نېمە ئىشلارنى قىلىشى كېرەك؟ — دەپ سورىۋىدى، ھامان كۆڭلىدە: «پادىشاھ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىشنى ياخشى كۆرگەن كىشى مېنىڭدىن باشقا يەنە كىم بولاتتى؟» — دەپ ئويلىدى-دە 7 پادىشاھقا:

پادىشاھ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىشنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە 8 پادىشاھىم دائىم كىيىدىغان شاھانە كىيىم-كېچەك ۋە دائىم مىنىدىغان ئارغىماق، يەنى بېشىغا شاھانە تاج-بەلگە تاقالغان ئارغىماق ئېلىپ كېلىنىپ، 9 شاھانە كىيىم بىلەن ئارغىماقنى پادىشاھنىڭ ئەڭ مۆھتەرەم ئەمىرلىرىدىن بىرىگە تۇتقۇزسۇن، ئۇ كىيىمنى پادىشاھىم ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىشنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە كىيگۈزۈپ ۋە ئۇنى ئارغىماققا مىندۈرۈپ شەھەر مەيدان-كوچىلىرىنى ئايلاندۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا: «قاراڭلار! پادىشاھ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىشنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىنىدۇ!» دەپ جاكارلاپ ماڭسۇن، — دېدى.

10 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھامانغا: — تېز بېرىپ دېگىنىڭدەك شاھانە كىيىم بىلەن ئارغىماقنى ئەپكەل، ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ يەھۇدىي موردىكايغا دەل سۆزۈڭدەك قىلغىن؛ سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ بىرەرسىمۇ كەم بولۇپ قالمىسۇن! — دېدى.

11 شۇنداق قىلىپ ھامان شاھانە كىيىم بىلەن ئارغىماقنى ئەكېلىپ، ئالدى بىلەن موردىكايغا شاھانە كىيىمنى كىيگۈزدى، ئاندىن ئۇنى

4:6 **«ئوردا ھويلىسىدا كىم بار؟»** — ياكى «ئوردا ھويلىسىغا كىرگەن ئاشۇ كىشى كىم؟».

ئارغىماقلارغا مىندۈرۈپ، شەھەر مەيدان-كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا: ــ «مانا، پادىشاھ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىشنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىنىدۇ!» دەپ جاكارلاپ ماڭدى.[12] موردىكاي يەنىلا ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ باردى؛ ھامان بولسا غەم-قايغۇغا پېتىپ، بېشىنى چۈمكىگەن ھالدا ئالدىراپ-تېنەپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.[13] ھامان خوتۇنى زەرەشكە ۋە بارلىق دوست-ئاغىنىلىرىگە بېشىغا كەلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ دانىشمەنلىرى بىلەن خوتۇنى زەرەش بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا: ــ موردىكاينىڭ ئالدىدا يىقىلىشقا باشلاپتىلا؛ ئۇ ئەگەر يەھۇدىيلارنىڭ نەسلىدىن بولسا، ئۇنى يېڭەلمەيلا، ئەكسىچە سۆزسىز ئۇنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولىدىلا، دېيىشتى.[14] ئۇلار تېخى ھامان بىلەن سۆزلىشىۋاتقان چېغىدا، پادىشاھنىڭ ھەرەمئاغىلىرى كېلىپ ھاماننى ئەستەر تەييارلىغان زىياپەتكە بېرىشقا ئالدىراتتى.

## ئەستەرنىڭ پادىشاھقا ھاماننىڭ يامان غەرىزىنى ئېيتىشى

7 [1] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىلەن ھامان خانىش ئەستەرنىڭ زىياپىتىگە داخىل بولۇشقا كەلدى.[2] پادىشاھ ئىككىنچى قېتىملىق زىياپەت ئۈستىدە شاراب ئىچىلىۋاتقاندا ئەستەردىن: ــ ئى خانىش ئەستەر، نېمە تەلىپىڭ بار؟ ئۇ ساڭا ئىجابەت قىلىنىدۇ. نېمە ئىلتىماسىڭ بار؟ ھەتتا پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى ئىلتىماس قىلساڭمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ، ــ دېدى.
[3] ــ ئەگەر نەزەرلىرىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بولسام، ئى ئالىيلىرى،

---

12:6 **«ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ باردى»** ــ بۇ سۆز بەلكىم ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى قايتىدىن باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

1:7 **«...ئەستەرنىڭ زىياپىتىگە داخىل بولۇشقا كەلدى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «... ئەستەرنىڭ زىياپىتىگە ئىچىشكە كەلدى».

ۋە پادىشاھىمغا مۇۋاپىق كۆرۈنسە، مېنىڭ ئىلتىماسىم ئۆز جېنىمنى ئايىغايلا، شۇنىڭدەك مېنىڭ تەلىپىم ئۆز خەلقىمنى ساقلىغايلا؛
4 چۈنكى بىز، يەنى مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم بىرگە يوقىتىلىپ، قىرىلىپ، نەسلىمىزدىن قۇرۇتۇلۇشقا سېتىۋېتىلدۇق. ئەگەر بىز قۇل ۋە دېدەكلىككە سېتىۋېتىلگەن بولساق، سۈكۈت قىلغان بولاتتىم؛ لېكىن پادىشاھىمنىڭ تارتىدىغان زىيىنىنى دۈشمەن تۆلەپ بېرەلمەيتتى، ــ دەپ جاۋاپ بەردى ئەستەر.
5 پادىشاھ ئاھاشۋېروش خانىش ئەستەردىن: ــ بۇنداق قىلىشقا پېتىنغان كىشى كىم ئىكەن؟ ئۇ قەيەردە؟! ــ دەپ سورىدى. ئەستەر جاۋابەن: ــ
6 بۇ دۈشمەن ۋە زەھەرخەندە مانا مۇشۇ رەزىل هامان! ــ دېۋىدى، هامان پادىشاھ بىلەن خانىش ئالدىدا شۇ زاماتلا دەككە-دۈككىگە چۈشتى.

## هاماننىڭ ئۆزى تەييارلىغان دارغا ئېسىلىشى

7 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قەھرى-غەزەپكە كېلىپ زىياپەت-شاراب ئۈستىدىن تۇردى-دە، چارباغقا چىقىپ كەتتى؛ هامان بولسا خانىش ئەستەردىن جېنىنى تىلەشكە قالدى؛ چۈنكى ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆزىگە جازا بەرمەي قويمايدىغان نىيەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.
8 پادىشاھ چارباغدىن زىياپەت-شاراب داستىخىنىغا قايتىپ كەلگىنىدە هاماننىڭ ئۆزىنى ئەستەر يۆلەنگەن دىۋانغا تاشلىغىنىچە

4:7 «ئەگەر بىز قۇل ۋە دېدەكلىككە سېتىۋېتىلگەن بولساق، سۈكۈت قىلغان بولاتتىم؛ لېكىن پادىشاھىمنىڭ تارتىدىغان زىيىنىنى دۈشمەن تۆلەپ بېرەلمەيتتى» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئەگەر بىز قۇل ۋە دېدەكلىككە سېتىۋېتىلگەن بولساق، مەن سۈكۈت قالاتتىم؛ چۈنكى بىز تارتىدىغان كۆلپەتنىڭ پادىشاھنى ئاۋارە قىلغۇچىلىكى يوق ئىدى».
—«دۈشمەن پادىشاھىمنىڭ تارتىدىغان زىيىنىنى تۆلەپ بېرەلمەيتتى» دېگەننىڭ مەنىسى بەلكىم بىرىنچىدىن، يەھۇدىيلار قۇل-دېدەك قىلىنسا باج تۆلىمەيتتى؛ ئىككىنچىدىن، خۇدا ئىبراھىمغا: «كىم سەن ۋە ئەۋلادلىرىڭنى قارغىغان بولسا مەن ئۇنى قارغايمەن، سەن ۋە ئەۋلادلىرىڭنى كىم بەرىكەتلىگەن بولسا مەن ئۇنى بىرىكەتلەيمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى («يار.» 3-2:12). كىم يەھۇدىي خەلققە زىيانكەشلىك قىلسا، خۇدانىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

تۇرغىنىنى كۆردى-دە: ــ
قارا، ئۇنىڭ ئۆردىدا مېنىڭ ئالدىمدىلا خانىشقا زورلۇق قىلغىلىۋاتقىنىنى؟! ــ دېۋىدى، بۇ سۆز پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى بىلەنلا ئادەملەر ھاماننىڭ باش-كۆزىنى چۈمكەپ قويدى. [9] پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھەرەمئاغىلىرىدىن ھاربونا ئىسىملىك بىرسى: ــ يەنە بىر ئىش بار، مانا، ھامان ئالىيلىرىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن گەپ قىلغان موردىكاينى ئېسىش ئۈچۈن، ئەللىك گەز ئېگىزلىكتە ياساتقان دار تەييار تۇرىدۇ، ئۇ دار ھازىر مۇشۇ ھاماننىڭ ھويلىسىدا، ــ دېۋىدى، پادىشاھ: ــ ھاماننى ئۇنىڭغا ئېسىڭلار! ــ دېدى. [10] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھاماننى ئۇ موردىكايغا تەييارلاپ قويغان دارغا ئاستى؛ شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ غەزىپى بېسىلدى.

## موردىكاينىڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئۆستۈرۈلۈشى

8 [1] پادىشاھ ئاھاشۋېروش شۇ كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمىنى ھاماننىڭ ئۆي-زېمىنىنى ئىلتىپات قىلىپ خانىش ئەستەرگە بەردى؛ موردىكايمۇ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى، چۈنكى ئەستەر ئۆزىنىڭ موردىكاي بىلەن تۇغقان ئىكەنلىكىنى پادىشاھقا دەپ بەرگەنىدى. [2] پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھاماندىن قايتۇرۇۋالغان ئۈزۈكىنى چىقىرىپ موردىكايغا بەردى، ئەستەرمۇ موردىكاينى ھاماننىڭ ئۆي-جايىنى باشقۇرۇشقا قويدى.

## ئەستەرنىڭ پادىشاھتىن ھاماننىڭ سۇيىقەستىنى بىكار قىلىشنى تىلىشى

[3] ئەستەر يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغىغا يىقىلىپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا پادىشاھتىن ئاگاگىيلاردىن بولغان ھامان

8:7 **«باش-كۆزىنى چۈمكەپ قويدى»** ــ بەلكىم ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغانلار پادىشاھنىڭ يۈزىنى كۆرمىسۇن دەپ شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك.

كەلتۈرۈپ چىققان بالايىئاپەتنى ھەم ئۇنىڭ يەھۇدىيلارنى يوقىتىش
سۇيىقەستىنى بىكار قىلىشنى يېلىنىپ ئۆتۈندى. [4]پادىشاھ
ئالتۇن ھاسىسىنى ئەستەرگە تەڭلىۋىدى، ئەستەر ئورنىدىن قوپۇپ
پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇردى.
[5]ــ ئەگەر ئالىيلىرى ماقۇل كۆرسە، ئەگەر مەن پادىشاھنىڭ ئالدىدا
ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بولسام، ئەگەر پادىشاھىم بۇ ئىشنى توغرا
دەپ قارىسا، شۇنىڭدەك مەندىن مەمنۇن بولسا، يارلىق چۈشۈرۈپ
ئاگاگىيلاردىن ھامىمداتانىڭ ئوغلى ھامان يازغان مەكتۇپلارنى،
يەنى پادىشاھىمنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىسىدىكى يەھۇدىيلارنى
يوقىتىش توغرىسىدىكى مەكتۇپلارنى بىكار قىلىدىغان بىر يارلىق
يېزىلىشىنى تىلەيمەن. [6]چۈنكى مەن ئۆز خەلقىمگە چۈشىدىغان بۇ
بالايىئاپەتكە قانداقمۇ چىداپ قاراپ تۇرالايمەن؟ ئۆز تۇغقانلىرىمنىڭ
يوقىتىلىشىغا قانداقمۇ چىداپ قاراپ تۇرالايمەن؟ ــ دېدى ئەستەر
پادىشاھقا.
[7]پادىشاھ ئاھاشۋېروش خانىش ئەستەر بىلەن يەھۇدىي موردىكايغا:
ــ مانا، ھامان يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاچقا، مەن
ئۇنىڭ ئۆي-زېمىنىنى ئەستەرگە بەردىم ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇلار دارغا ئاس
تى. [8]ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ توغرا تاپقىنى بويىچە مېنىڭ نامىمدا
يەھۇدىيلار ئۈچۈن بىر يارلىق يېزىپ، مېنىڭ ئۈزۈك مۆھۈرۈمنى
بېسىڭلار؛ چۈنكى پادىشاھنىڭ نامىدا يېزىلغان، پادىشاھنىڭ ئۈزۈك
مۆھۈرى بېسىلغان يارلىقنى ھېچكىم بىكار قىلالمايدۇ، دېدى.

---

5:8 **«شۇنىڭدەك مەندىن مەمنۇن بولسا...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنى مەمنۇن قىلغۇدەك بولسام...».

7:8 **«يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاچقا،...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «يەھۇدىيلارغا قولنى ئۇزارتماقچى بولغاچقا،...».

8:8 **«... چۈنكى پادىشاھنىڭ نامىدا يېزىلغان، پادىشاھنىڭ ئۈزۈك مۆھۈرى بېسىلغان يارلىقنى ھېچكىم بىكار قىلالمايدۇ»** ــ بۇ پارس ئىمپېرىيەسىدىكى ئاساس قانۇن ئىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن ئەسلىدىكى يارلىقنىڭ ئۆزىنى بىۋاستە بىكار قىلىشقا بولمايتتى. بۇنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى كۆرستىلگەن ئىككىنچى بىر يارلىق يېزىلىشى كېرەك

[9] شۇ چاغدا، ئۈچىنچى ئايدا، يەنى سىۋان ئېيىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى
كۈنى، پادىشاھنىڭ كاتىپلىرىنىڭ ھەممىسى چاقىرىپ كېلىندى.
ئۇلار موردىكاينىڭ بارلىق بۇيرۇغىنى بويىچە يارلىق يازدى؛ يارلىق
يەھۇدالارنىڭ ئىشى توغرۇلۇق ھىندىستاندىن ھەبەشستانغىچە بىر يۈز
يىگىرمە يەتتە ئۆلكىنىڭ ۋالىيلىرىغا، ئۆلكە باشلىقى ۋە بەگلىرىگە
يېزىلغان بولۇپ، مەكتۇپلار ھەرقايسى ئۆلكىگە ئۆز يېزىقى بىلەن،
ھەرقايسى ئەل-مىللەتلەرگە ئۆز تىلى بىلەن، شۇنداقلا يەھۇدىيلارغا
ئۆز يېزىقى بىلەن، ئۆز تىلىدا پۈتۈلگەنىدى. [10] موردىكاي يارلىقنى
پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ نامىدا يېزىپ، ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ ئۈزۈك
مۆھۈرىنى باستى؛ يارلىق مەكتۇپلىرىنى پادىشاھلىقنىڭ ئاتلىقلىرى
بىلەن، يەنى تۇلپارلارغا، ئات قېچىرلارغا ۋە تۆگىلەرگە مىنگەن چەۋەندازلار
ئارقىلىق ھەرقايسى جايلارغا يوللىدى. [11] يارلىقتا: «پادىشاھ ھەرقايسى
شەھەرلەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۇيۇشۇپ، ئۆز ھاياتىنى قوغدىشىغا،
شۇنداقلا ئۆزلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان ھەر مىللەت ۋە ھەر قايسى
ئۆلكىلەردىكى كۈچلەرنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى
قويماي يوقىتىشىغا، قىرىشىغا، نەسلىنى قۇرۇتۇشىغا، شۇنداقلا مال-
مۈلكىنى ئولجا قىلىشىغا ئىجازەت بېرىلدى؛ [12] بۇ ئىش بىر كۈندە،
يەنى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ، يەنى ئادار ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى
پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدە ئىجرا قىلىنسۇن»
دەپ پۈتۈلگەنىدى.
[13] يارلىق ھەرقايسى ئۆلكىگە ئەۋەتىلىپ، پەرمان سۈپىتىدە ئېلان
قىلىنسۇن، يەھۇدىيلارنىڭ ئەشۇ كۈنى دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام
ئېلىشقا تەييارلىنىپ قويۇشى ئۈچۈن يارلىقنىڭ كۆچۈرۈلمىسى
ھەرقايسى ئەل-مىللەتلەرگە ئۇقتۇرۇلسۇن، دەپ بېكىتىلدى. [14] شۇنىڭ

بولاتتى.
9:8 **«ھەبەشستان»** — ھازىرقى ئېفئوپىيە.
10:8 **«ئات قېچىرلارغا ۋە تۆگىلەرگە...»** — ياكى «ئالاھىدە بېقىپ كېلىنۋاتقان ئاتلارغا...».
بۇ ئايەتتىكى ئۇلاغلارنىڭ خىللىرىنىڭ بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

بىلەن چەۋەندازلار تۇلپارلارغا ۋە قېچىرلارغا مىنىپ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جىددىي يولغا ئاتلاندى؛ يارلىق شۇشان قەلئەسىدىمۇ جاكارلاندى.
[15] موردىكاي كۆك ۋە ئاق رەڭلىك شاھانە كىيىم كىيىپ، بېشىغا كاتتا ئالتۇن تاجنى تاقاپ، سۆسۈن رەڭ كەندىر يېپىنچىنى يېپىنىپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقتى؛ شۇشان شەھەردىكى خەلق خۇشاللىقتا چۇقان كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى. [16] يەھۇدىيلار يورۇقلۇق، شاد-خۇراملىق ۋە ئىززەت-ئىكرامغا مۇيەسسەر بولدى. [17] ھەرقايسى ئۆلكە، ھەرقايسى شەھەرلەردە، پادىشاھنىڭ ئەمر-يارلىقى يېتىپ بارغانلىكى يەرلەردە، يەھۇدىيلار شاد-خۇراملىقتا چۇقان كۆتۈرۈپ، زىياپەت قىلىپ مۇبارەك بىر كۈننى ئۆتكۈزۈشتى؛ نۇرغۇن يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزلىرىنى يەھۇدىي دېيىشىدىغان بولدى؛ چۈنكى يەھۇدىيلاردىن قورقۇش ۋەھىمىسى ئۇلارنى بېسىۋالغانىدى.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى

9 [1] ئون ئىككىنچى ئاي، يەنى ئادار ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى، پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن يارلىقى ئىجرا قىلىنىشقا ئاز قالغان چاغدا، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ئۈمىد قىلىپ كۈتكەن كۈنى، ئەكسىچە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان كۈنىگە ئايلىنىپ كەتتى. [2] يەھۇدىيلار پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق شەھەرلەردە ئۇلارغا قەست قىلماقچى بولغانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يىغىلىشقا باشلىدى؛ ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرالمايتتى؛ ئۇلاردىن بولغان قورقۇنچ ھەربىر ئەل-مىللەتنى باسقانىدى. [3] ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى بەگلەر، ۋالىيلار، ئۆلكە باشلىقلىرى، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ ئىشلىرىنى

17:8 **«ئۆزلىرىنى يەھۇدىي دېيىشىدىغان بولدى»** — ياكى «ئۆزلىرى يەھۇدىي بولۇشتى».

ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلارنى قوللىدى؛ چۈنكى
موردىكايدىن بولغان قورقۇنچ ئۇلارنى باسقانىدى. 4 چۈنكى موردىكاي
دېگەن كىشى ئوردىدا ئىنتايىن نوپۇزلۇق بولۇپ، نام-شۆھرىتى
ھەممە ئۆلكىلەرگە تارقالغانىدى؛ ئۇنىڭ ھوقۇقى بارغانسېرى
چوڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. 5 شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ھەممە
دۈشمەنلىرىنى قىلىچلاپ، قىرغىن قىلىپ يوقاتتى؛ ئۆزلىرىگە
ئۆچ بولغانلارغا قانداق قىلىشنى خالىسا شۇنداق قىلدى. 6 شۇشان
قەلئەسىدىلا يەھۇدىيلار بەش يۈز ئادەمنى قەتل قىلىپ يوقاتتى.
7 ئۇلار يەنە پارشانداتا، دالفون، ئاسپاتا، 8 پوراتا، ئادالىيا، ئارىداتا،
9 پارماشتا، ئارىساي، ئارىداي ۋە ۋايىزاتانى قەتل قىلدى؛ 10 بۇ ئون ئادەم
ھامىداتانىڭ نەۋرىسى، يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمىنى بولغان ھاماننىڭ
ئوغلى ئىدى؛ لېكىن ئۇلار ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئولجا قىلىشقا قول
سالمىدى. 11 شۇ كۈنى شۇشان قەلئەسىدە قەتل قىلىنغان ئادەم سانى
پادىشاھقا مەلۇم قىلىندى. 12 پادىشاھ خانىش ئەستەرگە: ــ يەھۇدىيلار
شۇشان قەلئەسىدە بەش يۈز ئادەمنى قەتل قىلىپ يوقىتىپتۇ، يەنە
ھاماننىڭ ئون ئوغلىنى قەتل قىپتۇ؛ ئۇلار پادىشاھنىڭ باشقا
ئۆلكىلىرىدە نېمە قىلدىكىن؟ ئەمدى نېمە ئىلتىماسىڭ بار؟ ئۇ ساڭا
بېرىلىدۇ. يەنە نېمە تەلىپىڭ بار؟ ئۇمۇ بەجا ئەيلىنىدۇ، ــ دېدى.
13 ــ ئالىيلىرىغا مۇۋاپىق كۆرۈنسە، شۇشاندىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەتىمۇ
بۈگۈنكى يارلىقتا دېيىلگەندەك ئىش قىلىشىغا ھەمدە ھاماننىڭ
ئون ئوغلىنىڭ جەسەتلىرىنى دارغا ئېسىپ قويۇشقا ئىجازەت بەرگەيلا،
دېدى ئەستەر.
14 پادىشاھ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى؛ يارلىق شۇشان
قەلئەسىدە چىقىرىلغاندا، كىشىلەر ھاماننىڭ ئون ئوغلىنى دارغا
ئېسىپ قويۇشتى. 15 ئادار ئېيىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى شۇشاندىكى
يەھۇدىيلار يەنە يىغىلىپ ئۈچ يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى؛ لېكىن ئۇلارنىڭ
مال-مۈلكىنى ئولجا قىلىشقا قول سالمىدى.
16 پادىشاھنىڭ ھەرقايسى باشقا ئۆلكىلىرىدىكى قالغان يەھۇدىيلار

يىغلىپ ئۆز جانلىرىنى ساقلاشقا سەپتە تۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئۆچ بولغانلاردىن جەمئىي يەتمىش بەش مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئەمما ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئولجا قىلىشقا قول سالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلۇپ ئاراملىققا مۇيەسسەر بولدى. [17] بۇ ئادار ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنىدىكى ئىش ئىدى؛ ئون تۆتىنچى كۈنى ئۇلار ئارام ئالدى، شۇ كۈننى زىياپەت بېرىپ شادلىنىدىغان كۈن قىلىپ بېكىتتى.

[18] لېكىن شۇشاندىكى يەھۇدىيلار بولسا ئون ئۈچىنچى، ئون تۆتىنچى كۈنلىرى توپلىشىپ جەڭ قىلدى؛ ئون بەشىنچى كۈنى ئۇلار ئارام ئالدى، شۇ كۈننى زىياپەت بېرىپ شادلىنىدىغان كۈن قىلىپ بېكىتتى.

[19] شۇ سەۋەبتىن سەھرادىكى يەھۇدىيلار، يەنى يېزا-قىشلاقلاردا تۇرۇۋاتقان يەھۇدىيلار ئادار ئېيىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنىنى زىياپەت بېرىپ شادلىنىدىغان مۇبارەك كۈن بېكىتىپ، بىر-بىرىگە سوۋغا-سالام بېرىشىدىغان بولدى.

[20] موردىكاي بۇ ۋەقەلەرنى خاتىرىلەپ ھەمدە ئاھاشۋېروش پادىشاھنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىنىڭ يىراق-يېقىن جايلىرىدا تۇرۇۋاتقان بارلىق يەھۇدىيلارغا مەكتۇپلارنى يوللىدى. [21] شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر يىلى ئادار ئېيىنىڭ ئون تۆت، ئون بەشىنچى كۈنىنى بايرام قىلىپ ئۆتكۈزۈلسۇن دەپ بېكىتتى؛ [22] ئۇ بۇ ئىككى كۈننى يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ ئاراملىققا ئېرىشكەن كۈنى سۈپىتىدە، شۇ ئاينى ئۇلارنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى شادلىققا، يىغا-زارلىرى مۇبارەك كۈنگە ئايلانغان ئاي سۈپىتىدە ئەسلەپ، بۇ ئىككى كۈننى زىياپەت قىلىپ شادلىنىدىغان، كۆپچىلىك بىر-بىرىگە سالام-سوۋغا بېرىدىغان، كەمبەغەللەرگە خەير-ئېھسان قىلىدىغان كۈن قىلىشقا بۇيرۇدى. [23] شۇ سەۋەبتىن يەھۇدىيلار دەسلەپ باشلىغان شۇ ھېيتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە شۇنىڭدەك موردىكاينىڭ ئۇلارغا يازغانلىرىنىمۇ ئورۇنلايدىغانغا ۋەدە بېرىشتى. [24] چۈنكى ئەسلىدە بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ كۈشەندىسى بولغان ئاگاگىي ھامىداتانىڭ

ئوغلى هامان يەھۇدىيلارنى ھالاك قىلىشنى قەستلىگەن، شۇنداقلا ئۇلارنى نەسلىدىن قۇرۇتۇپ يوقاتماقچى بولۇپ «پۇر»، يەنى چەك تاشلىغانىدى. [25]لېكىن بۇ ئىش پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، پادىشاھ مەكتۇپلارنى يېزىپ، ھامان قەستلىگەن رەزىل ئىش، يەنى ئۇنىڭ يەھۇدىيلارنى قەست قىلغان ئىشى ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا يانسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈردى؛ ھەم كىشىلەر ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى دارغا ئاستى.

## «پۇرىم» بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

[26]شۇڭلاشقا، كىشىلەر «پۇر» (چەك) دېگەن ئىسىم بويىچە بۇ ئىككى كۈننى «پۇرىم بايرىمى» دەپ ئاتىدى؛ شۇڭا يەھۇدىيلار ئەشۇ خەتتە پۈتۈلگەنلىرى بويىچە، ھەم كۆرگەن، ھەم باشتىن ئۆتكۈزگەنلىرىگە ئاساسەن، [27]ئۆزلىرى، ئەۋلادلىرى ھەمدە ئۆزلىرى بىلەن بىرلەشكەن بارلىق كىشىلەرنىڭ پۈتۈلگەن ئەھكامىنى تۇتۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەشۇ ئىككى كۈننى ھەر يىلى مەڭگۈ ئۈزۈلدۈرمەي بايرام قىلىشنى قارار قىلدى، [28]شۇنداقلا بۇ ئىككى كۈن ھەربىر دەۋردە، ھەربىر جەمەت-ئائىلىدە، ھەرقايسى ئۆلكە، ھەرقايسى شەھەردە خاتىرىلىنىپ تەبرىكلىنىپ تۇرسۇن ۋە «پۇرىم بايرىمى» بولىدىغان مۇشۇ كۈنلەرنىڭ تەبرىكلىنىشى يەھۇدىي خەلقى ئىچىدە مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-نەسلى ئارىسىدىنمۇ يوقاپ كەتمىسۇن، دەپ قارار قىلدى.

[29]ئاندىن ئابىخائىلنىڭ قىزى، خانىش ئەستەر ۋە يەھۇدىي موردىكاي يەھۇدىيلارغا يازغان «پۇرىم بايرىمى» توغرىسىدىكى شۇ ئىككىنچى خەتنى تولۇق ھوقۇقى بىلەن تەكىتلەپ، يەنە بىر خەتنى يوللىدى.

25:9 **«لېكىن بۇ ئىش پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە...»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «لېكىن ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە» دېيىلىدۇ. شۇڭا بەزى تەرجىمىلەردە: «لېكىن ئۇ (ئەستەر) پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە،...» دېيىلىدۇ.

25:9 ئەست. 8:8

26:9 **«پۇرىم»** ــ «چەك تاشلاش» دېگەن مەنىسى.

[30] مورد‌كاي خاترجەملىك ۋە ھەقىقەتنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزىدىغان
مەكتۇپلارنى ئاھاشۋېروشنىڭ پادىشاھلىقىدىكى بىر يۈز يىگىرمە
يەتتە ئۆلكىدىكى بارلىق يەھۇدىيلارغا ئەۋەتىپ، [31] شۇ «پۇرىم»
كۈنلىرى بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىرىدا ئۆتكۈزۈلسۇن، شۇنىڭدەك
يەھۇدىي مورد‌كاي ۋە خانىش ئەستەرنىڭ تاپىلىغانلىرى بويىچە،
شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ۋە نەسلىگە بېكىتكەنلىرى بويىچە
ئەينى ۋاقىتتىكى تۇتۇلغان روزىلار ۋە كۆتۈرۈلگەن ندا-پەريادلار
ئەسلەپ خاتىرىلەنسۇن، دەپ تەكىتلىدى. [32] ئەستەرنىڭ يارلىقى
«پۇرىم بايرىمى»دىكى شۇ ئىشلارنى بېكىتىپ بەردى؛ بۇ ئىش
تارىخنامىغىمۇ پۈتۈلدى.

## مورد‌كاينىڭ شۆھرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى

10 [1] پادىشاھ ئاھاشۋېروش قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارالىرىدىكى
ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئالۋان تۆلىگۈزەتتى. [2] ئۇنىڭ
نوپۇز-ھەيۋىتى ۋە قۇدرىتىنى ئايان قىلغان بارلىق قىلغان-
ئەتكەنلىرى، شۇنداقلا مورد‌كاينىڭ پادىشاھنىڭ ئۈستۈرۈشى بىلەن
ئېرىشكەن كاتتا شۆھرىتى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار مېدىئا ۋە
پارس پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرىلىرىدە پۈتۈلگەن ئەمەسمۇ؟
[3] چۈنكى يەھۇدىي مورد‌كاينىڭ مەرتىۋىسى پادىشاھ ئاھاشۋېروشتىن
كېيىنلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى؛ ئۇ دائىم ئۆز خەلق-مىللىتىنىڭ
بەختىنى كۆزلەپ، بارلىق نەسلىدىكىلەرگە ئامان-ئېسەنلىك تىلەپ
سۆزلىرىنى قىلاتتى، يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا زور ئىززەت-ھۆرمەت
تېپىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەنىدى.

31:9 «... **ئەينى ۋاقىتتىكى تۇتۇلغان روزىلار ۋە كۆتۈرۈلگەن ندا-پەريادلار ئەسلەپ خاتىرىلەنسۇن»** ــ بۇ جۈملىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... خەلقلەر خۇددى ئۆزلىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئۈچۈن روزا تۇتۇش ۋە قارىلىق تۇتۇش ۋاقتىنى بەلگىلەشنى قارار قىلغاندەك». لېكىن بىزنىڭچە بۇ سۆزلەر چوقۇم ئەستەر ۋە شۇشاندىكى يەھۇدىيلارنىڭ روزا تۇتۇپ پۈتكۈل خەلقى ئۈچۈن كۆتۈرگەن ندا-پەريادلىرىنى ئەسلەشنى كۆرسىتىدۇ.

# قوشۇمچە سۆز

ئەستايىدىل ئوقۇرمەنلەر مەزكۇر كىتابنىڭ ئەڭ قىزىق نۇقتىلىرىنىڭ بىرىنى ئاللىقاچان بايقىغان بولۇشى مۇمكىن – خۇدانىڭ نامى ھەتتا بىر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنمىغان! نېمىشقا شۇنداق؟ بۇ كىتاب قانداق بولۇپ تەۋراتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ تونۇلغان؟

گەرچە خۇدانىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، خاتىرىلەنگەن كۆپ ۋەقەلەردە ئۇنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ئىشلەيدىغانلىقى، ھەممە ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئىلتىپاتى ۋە ئۆز خەلقىگە ئاتا قىلغان ھېكمەت-ھېدايىتى ئېنىق ئايان بولىدۇ. قەدىمدە بەزى ئالىملار: «خۇدانىڭ نامى «ئەستەر» كىتابىدا پەيدا بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قولى كۆپ قېتىم كۆرۈندۇ!» دەيدۇ. ئوقۇرمەنلەر خۇدانىڭ تۆۋەندىكى ئىش-ۋەقەلەرنىڭ ھەربىرىنى ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇپ، ھامانىڭ سۇيىقەستى بىتچىت قىلىشتىكى تەدبىر قىلغانلىقىنى بايقىيالايدۇ. بۇ ئىش-ۋەقەلەردىن بىرى كەم بولغان بولسا ئۇنداق ئاجايىب قۇتۇلۇش بولمايتتى. بۇ ۋەقە ياكى ئامىللاردىن بىرنەچچىسىنى (ۋاقتى-تەرتىپى بويىچە ئەمەس) تۆۋەندە كۆرسىتىمىز: –

(1) خانىش ۋاشتىنىڭ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشىنى رەت قىلىشى؛

(2) ئەستەرنىڭ خانىشلىققا تاللىنىشى؛

(3) ھامانىڭ «پۇر» (چەك) تاشلىشىنىڭ نەتىجىسى؛

سەردار ھامان پال سېلىپ، قايسى ئاي، قايسى كۈن يەھۇدىيلارغا زەربە بېرىشكە قۇتلۇق كۈن بولىدۇ، دەپ چەك تاشلايدۇ. بۇ «چەك تاشلاش» نىسان ئېيىدا، يەنى بىرىنچى ئايدا بولغان. بىزنىڭ ھېچ گۇمانىمىز يوقكى، خۇدا چەك تاشلاشنىڭ نەتىجىسىنى كونترول قىلغان، شۇڭا «قۇتلۇق كۈن» بىر يىلدىن كېيىن دېگۈدەك، يەنى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ، يەنى «ئادار» ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنىگە بېكىتىلگەن (بۇ ئىشتىن كېيىن خۇراپىي كىشىلەر «13»نى شۇم سان دەپ قاراشقا باشلىغان). «يوقىتىش يارلىقى» چىقىرىلغاندىن كېيىن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتا تۆۋەندىكى ئىشلارغا يېتەرلىك پۇرسەت يارىتىلغان: –

(ئا) يەھۇدىي خەلقىگە دۇئا قىلىشقا؛

(ئە) ئەستەرنىڭ غەيرەتكە كېلىپ، زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۆز خەلقى ئۈچۈن پادىشاھتىن رەھىم سورىشىغا؛

(ب) يەھۇدىي خەلقىگە ئۆزىنى قوغداش ھوقۇقىنى بەرگەن ئىككىنچى بىر يارلىقنىڭ چىقىرىلىپ، ئىمپېرىيەدىكى بارلىق يەرلەرگە يەتكۈزۈلۈشىگە؛

(پ) شۇنداقلا يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىنىشىغا.

(4) موردىكاينىڭ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش قەستىنى پاش قىلىش پۈرستى (بۇ ئىش ھامان تۇغدۇرغان ھېلىقى «يەھۇدىيلارنى يوقىتىش يارلىقى»دىن بەلكىم بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن). پادىشاھنىڭ موردىكاينىڭ بۇ ياخشى ئىشىنى خاتىرىلىتىشى؛

(5) پادىشاھنىڭ ئۇيقۇسىز كېچىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تارىخنامىنى ئاڭلاش تەلىپى؛ «تاسادىپىيلىقتىن» دەل موردىكاينىڭ ياخشى ئىشى خاتىرىلەنگەن ئورام يازمىنىڭ بايقىلىشى. پادىشاھنىڭ شۇ ئۇيقۇسىزلىقى دەل ئەستەر ۋە ئۇنىڭ روزىسىدا ھەمراھ بولغان يەھۇدىي خەلقى ئۇنىڭ پادىشاھ ئالدىغا ئامان-ئېسەن كىرىشىنى تىلەپ ئۈچ كۈن روزا تۇتقان (شۇنداقلا دۇئا-تىلاۋەت قىلغان — 16:4)دىن كېيىن يۈز بېرىدۇ.

(6) موردىكاينىڭ دانالىقى ۋە ئەستەرنىڭ جاسارەتلىكى؛

(7) پادىشاھنىڭ ئەستەرگە بولغان ھۆرمىتى ۋە ئامراقلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىشى.

ئەمدى خۇدانىڭ نامى نېمىشقا تىلغا ئېلىنمىغان؟ بۇ كىتاب يېزىلغان ۋاقىتتا، يەنى پارس ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە، يەھۇدىيلار ئىمپېرىيەدە سۈرگۈنلۈكتە تارقاق ھالدا ياشىغان مۇساپىرلار بولۇپ، ھالى ئىنتايىن بوش، دۈشمەنلىرىنىڭ زەربىسىگە نىسبەتەن ئاجىز ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى تۈپەيلىدىن ئۇلار ھەردائىم باشقا ئادەملەر تەرىپىدىن «باشقىچە» دەپ قارىلاتتى. يەھۇدىيلارغا بولغان ئىرقىي ئاداۋەت ئاسانلا قوزغىلاتتى، ۋە ھاماندەك باشقا بىر زۇلۇمخور ھەرقانداق ۋاقىتتا يەنە پەيدا بولاتتى. «خۇدا» ياكى «پەرۋەردىگار»نىڭ پارس ئىمپېراتورلىرىدىن كۈچلۈك بولغانلىقىنى بىۋاستە كۆرسىتىدىغان، شۇنىڭدەك خۇدانىڭ نامىدا مەلۇم پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنى دەۋەت قىلغان بىر كىتابقا ئىگە بولۇش شۇ دەۋرلەردە

بەزىدە خەتەرلىك ئىش بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەزكۇر تارىخ خۇدانىڭ ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك ئىشلىگەنلىكىنى كۆرستىپ، لېكىن ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان ھالدا پۈتۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تارىخ دەل شۇ يول بىلەن پۈتۈلگەچكە، پارس ئوقۇرمەنلەر ئۇچۇنمۇ، ئۇلار تىرىك خۇداغا ئىشەنسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن پۈتۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن (ئەسلىدىكى نۇسخا پارس تىلىدا پۈتۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن). ئېتىقاد تۇتقان يەھۇدىي خەلقى مەزكۇر كىتابنى پارس قوشنىلىرىغا بەرسە ياكى ئۇلار ئوقۇسا بولاتتى؛ ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن ئىش-ۋەقەلەر ھەممە ئادەمگە مەلۇم ئىدى، لېكىن شۇ ۋەقەلەر ئارقىلىق خۇدانىڭ قولى شۇنداق روشەن كۆرۈندۇكى، «بۇ خۇدانىڭ قىلغىنى بولمىسا، كىم ئۇنداق ئاجايىب ئىشلارنى قىلالايتتى» دېگەندەك سوئالنى قويغىلى بولاتتى.

بىز يۇقىرىدا خۇدانىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان، دېدۇق. ئەمەلىيەتتە پەرۋەردىگارنىڭ «ياھۋەھ» دېگەن نامى بەش قېتىم كۆرستىلگەن، لېكىن يوشۇرۇن ھالدا ياكى كود بىلەن كۆرستىلدۇ (20:1، 4:5، 13:5، 5:7، 7:7-ئايەتلەردە) —

پەرۋەردىگارنىڭ نامى (ئىبرانىي تىلدا «ياھۋەھ») ئىبرانىي تىلدا «ي»، «ھ»، «ۋ» ۋە «ھ» دېگەن تۆت ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ). بۇ «كود»قا قىزىقسىڭىز، تور بېتىمىزدىن تەپسىلاتلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇ ئىشنىڭ ئۆزى يەنە يەھۇدىي ئوقۇرمەنلەرگە شۇ ئىشنى تەكىتلەيدۇكى، گەرچە ئەھۋالىمىز بەك ئېغىر بولسىمۇ، خۇدانىڭ يولىنى تۇتساق، ئۇ ئەھۋالىمىزنىڭ ئالدىدا يوشۇرۇن ئەمما كۈچلۈك ھالدا داۋاملىق بىزگە ئىلتىپات كۆرستىش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

## «ئەستەر»نىڭ كىتابىدىن ئالىدىغان ساۋاقلار

بىرنەچچە خۇداسىز نەزەرىيەلەر بويىچە (ماركسىزىممۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە) يالغۇز بىر شەخس تارىخنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ھېچ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. لېكىن مەزكۇر كىتابتىن ئالىدىغان قىممەتلىك ساۋاقلاردىن ئالاھىدە بىرى شۇكى، يالغۇز بىر شەخسنىڭ جاسارىتى ۋە ئىمان-ئېتىقادى دەرۋەقە تارىخنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ھەم گاھى ۋاقىتلاردا ئۇنى دەرۋەقە ئۆزگەرتىدۇ.

بۇ ئەھۋالنى باشقىچە بايان قىلساق – خۇدا ئۆزىگە ئاتالغان بىر شەخسنى پۈتكۈل بىر ئەلنىڭ تارىخىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدۇ؛ ئۇ شۇنداق ئىشلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى ئايان قىلىدۇ («1كور.» 1:26-29نى كۆرۈڭ). ئۇ سىزنى ۋە مېنى ئۆز قولىمىز ھېچ تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغان، قىيىن ياكى پاجىئەلىك بىر ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتەلەيدۇ!

«ئەستەر»دە خاتىرىلەنگەن بۇ تارىخ سۈرگۈنلۈكتە قالدۇرۇلغان، ئىبرىي بىسىم ئاستىدا، بۇتپەرەس ۋە خۇداسىز بىر مۇھىتتا ياشىغان بىر خەلقنىڭ تارىخىدۇر. خۇددى ئۇلار پارس ئىمپېرىيەسىدە سۈرگۈن بولغاندەك، خۇدانىڭ خەلقى ھازىرمۇ «سۈرگۈنلۈك»تە تۇرماقتا – بىز ئەرشتىكى روھىي يۇرتىمىزدىن يىراقتا تۇرماقتىمىز («ياق.» 1:1، «1پېت.» 1:1، 17:1، 9:2-17نى كۆرۈڭ). بىز ئەستەر ۋە موردىكايدىن شۇ ساۋاقنى ئۆگىنەلەيمىز، يەنى گەرچە بىز «باشقىچە» قارالغىنىمىز بىلەن، خۇداسىز بىر مۇھىتتا تۇرۇپ ئۆزلىرىمىزنى يامانلىقتىن ساقلىغىنىمىز بىلەن يەنىلا ئېتىقادسىز قوشنىلىرىمىزغا تېگىشلىك ھۆرمەت ۋە كۆيۈمچانلىقنى كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنەلەيمىز. چۈنكى ئۇلار كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىزگە «ئىنسانداش» بولىدۇ؛ ھەممە ئادەمنى قۇتقۇزۇشنى خالايدىغان خۇدا ئۆزىنىڭ شۇ قۇتقۇزۇش نىيىتىدە بىزنى ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ئارىسىغا قويغاندۇر.

## «ئەستەر» كىتابىنىڭ ئەھمىيىتى

«ئەستەر» دېگەن كىتابنى پۈتۈن مۇقەددەس كىتابتا خاتىرىلەنگەن باشقا تارىخلار بىلەن بىرگە قويساق، «ئەستەر»دە بايان قىلىنغان تارىخ چوڭ بىر تارىخنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر قىسمى ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ. بىز بۇنى تۆۋەندىكىدەك كۆرەلەيمىز: –

(ئا) خۇدا ئىبراھىمنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «سەن ئارقىلىق بارلىق ئەل-يۇرتلار بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ» دەپ ۋەدە قىلغان («يار.» 1:12-3). كېيىن ئۇنىڭغا شۇ «بەخت-بەرىكەت» ئۆز ئەۋلادلىرى، يەنى يەھۇدىي خەلقى ئارقىلىق بارلىق ئەل-يۇرتلارغا كېلىدىغانلىق ۋەھيي قىلىنغان. كېيىنكى پەيغەمبەرلەر شۇ «بەخت-بەرىكەت»نىڭ يەھۇدىي خەلقىدىن تۇغۇلىدىغان «مەسىھ»نىڭ دۇنياغا

كېلىشى بىلەن بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ؛ چۈنكى «مەسىھ» پۈتۈن دۇنياغا قۇتقۇزغۇچى بولىدۇ.

(ئە) خۇدا ئۆز يەھۇدىي خەلقىگە، سىلەرنى دۇنيانىڭ ئاخىرغىچە قوغداپ، تاشلىمايمەن، دەپ ۋەدە قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئىشەنچسىزلىكى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئاخىرقى زاماندا ئۇلارنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ، يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ مىڭ يىللىق پادىشاھلىقىنى بەرپا قىلغاندا، ئۇلارنى شۇ پادىشاھلىقنىڭ مەركىزى قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان.

(ب) بۇ ۋەدىلەر تۈپەيلىدىن شەيتاننىڭ خۇداغا قارشىلىق كۆرسىتىشى كۆپ قېتىم يەھۇدىي خەلقىگە زەربە قىلىشلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. شۇڭا مەسىھنىڭ دۇنيا كېلىشىدىن ئىلگىرى شەيتاننىڭ ئۇنداق زەربىلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. چۈنكى ئۇ يەھۇدىي خەلقىنى يوقاتقان بولسا، مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق بولاتتى؛ خۇدانىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرى مەڭگۈ توسۇلغان بولاتتى. بۇنداق زەربىلەرگە مىسال بولىدىغان مۇنداق ئىشلار بار: – (1) پىرەۋننىڭ ئىبراھىمنىڭ ئايالى ساراھنى ئېلىپ كېتىشى (ساراھ ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئانىسى بولغاچقا، ئۇ بولمىغان بولسا ئىسرائىل خەلقىمۇ بولمايتتى – «يار.» 12:10-20، ۋە يەنە 20:1-7نى كۆرۈڭ)؛ (2) پىرەۋننىڭ ئىسرائىللارنىڭ بارلىق ئوغۇل بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش پىلانى («مىس.» 1:15-22)؛ (3) سۇرىيە ۋە ئەفرائىملارنىڭ داۋۇت جەمەتىنى نەسلىدىن قۇرۇتۇشنى قەستلىشى (مەسىھ داۋۇتنىڭ نەسلىدىن چىقىشى كېرەك ئىدى) («يەش.» 1:7-6)؛ (4) مەزكۇر تارىختىكى ھاماننىڭ قەستلىشى ۋە ئاخىردا: (5) ھېرود پادىشاھ ئەيسا مەسىھنى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە بەيت-لەھەمدە بارلىق ئوغۇل بوۋاقلارنى قىرىشى («مات.» 1:2-18).

(پ) مەسىھنىڭ بۇ دۇنياغا بىرىنچى كېلىشىدىن كېيىنمۇ شەيتاننىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان بۇ زەربىلىرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. چۈنكى، ئەگەر شەيتان ئىسرائىلنى يوقىتالايدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ خۇدانىڭ ئۇلارنى قوغدايمەن دېگەن ۋەدىسىنى ئۈزۈپ، خۇدانىڭ ئاخىرقى زامانلار توغرىسىدىكى مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك جازالىنىشىنى توختىتالايتتى. تارىخ ئىسپاتلىغانكى، ئۇ شۇنداق قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە!

شۇڭا ھەتتا يىقىنقى تارىختا بىرنەچچە قېتىم مەلۇم زالىملارنىڭ يەھۇدىي خەلقىنى يوقىتىشقا تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىنتىلگەنلىكىنى كۆردۇق ــ مەسىلەن، «رىم پاپاسى» «سەلىپ يۈرۈشلىرى»دە جەڭ قىلىشقا ئەۋەتكەن ئاتالمىش «خىرىستىئانلار»، رۇسىيەلىك «سار نىكولاي»، گىتلىر، ستالىن، ئاياتوللا خومەينى ۋە باشقىلار ــ لېكىن بۇلار ھەممىسى ئاخىر بېرىپ ھالاكەتكە يۈزلەندى. يەھۇدىي خەلق يەنە تۇردۇ.

خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە ۋەدە قىلغان سۆزلىرى مەڭگۈ مۇقىم تۇردۇ: ــ

«قۇياشنى كۈندۈزدە نۇر بولسۇن دەپ بەرگەن، ئاي-يۇلتۇزلارنى كېچىدە نۇر بولسۇن دەپ بەلگىلىگەن، دولقۇنلىرىنى شارقىرىتىپ دېڭىزنى قوزغايدىغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ (ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۇنىڭ نامدۇر): ــ

ــ مۇشۇ بەلگىلىگەنلىرىم مېنىڭ ئالدىمدىن يوقاپ كەتسە، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ ئەمدى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ مېنىڭ ئالدىمدىن بىر ئەل بولۇشتىن مەڭگۈگە قېلىشى مۇمكىن. پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ يۇقىرىدا ئاسمانلار مۆلچەرلەنسە، تۆۋەندە يەر ئۇللىرى تەكشۈرۈلۈپ بىلىنسە، ئەمدى مەن ئىسرائىلنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرىنىڭ قىلغان ھەممە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلاردىن ۋاز كېچىپ تاشلىغۇچى بولىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار» («يەر.» 31:35-37).

# تەۋرات 18-قىسىم

# تەۋراتتىكى «ئايۇپ» دېگەن كىتاب توغرىسىدا

## كىرىش سۆز

### ئازاب-ئوقۇبەتكە دائىر مەسىلە ھەم سىرلار

خۇدانىڭ ئالدىدىكى ئىخلاسمەن ھەم ھەققانىي ئادەم دەپ ھېسابلىنىدىغان ئايۇپ تۇساتتىن ئازاب-ئوقۇبەت ھەم دەرد-ئەلەمگە قالىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتى، جۈملىدىن قوي، كالا، مىدە ئېشەك ھەم تۆگە پادىلىرى بىر-بىرلەپ ئېلىپ كېتىلىدۇ؛ بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ھەممىدىن دەھشەتلىك بولغان ئېغىر كۈلپەت ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ — ئۇ ئىنتايىن سۆيىدىغان ئائىلىسىدىن، يەنى ئون بالىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ خۇدادىن قىلچە ئاغرىنماي، ئەكسىچە چوڭقۇر قايغۇ ھەم مۇسىبەت ئىچىدە خۇداغا سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئايۇپ خۇداغا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن سېغىنغۇاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، ئۇ يەنە قاتتىق بىر زەربىگە دۇچار بولىدۇ. تۇساتتىن ئادەمنى قاقشال قىلىپ قويىدىغان، دەھشەتلىك بىر مەرەز كېسەل ئۇنىڭغا چاپلىشىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ھۆررەك-ھۆررەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىشتىيى تۇتۇلۇپ، بىر نېمە يېگۈسىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ تىنىقىدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ؛ ئۇ تەنلىرىنىڭ مۇجۇپ ئاغرىشلىرىدىن ھەم بەدىنىنىڭ دەھشەتلىك قىچىشىشلىرىدىن ئارام ئالالماي، قاتتىق قىينىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان يۇرتىدىكى بىر قىسىم مۇتتەھەملەرمۇ ئۇنىڭ ئورۇقلاپ، بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ

قالغان بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنى خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ كەتتى دەپ مازاق قىلىشىدۇ. ھەتتا ئۆزىگە سادىق ھەم كۆيۈمچان بولغان، تەسەللى بېرىشكە تېگىشلىك ئەڭ يېقىنى بولغان ئۆز ئايالىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىكى ھەم ھەققانىيلىقىنى مازاق قىلىدۇ. ئايالى ئۇنىڭغا: «سېنى تاشلىۋەتكەن خۇدادىن ۋاز كەچ» دەپ نەسىھەت بېرىدۇ. بىراق ھەزرىتى ئايۇپ ئايالىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئۆز ئەقىدىسىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ خۇدانىڭ ياخشىلىقىنى تېخىمۇ كۈيلەيدۇ.

ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالايىئاپەتتىن خەۋەر تاپقان ئايۇپنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن ئۈچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۆزلىرى تۇرغان يىراق يۇرتلاردىن ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ. ئۇلار كەلگۈچە ئايۇپ كېسەل بولۇپ ئارىلىقتا ئاز دېگەندە ئىككى-ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەزرىتى ئايۇپ دەسلەپتە ھېچ تەۋرەنمەي خۇداغا ئىبادەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دەھشەتلىك دەرد-ئەلەم بىلەن يۈرەكلىرى پارە-پارە بولغاندا ھەم كېسىلىنىڭ توختاۋسىز ئازابى ئاستىدا، كەلگەن دوستلىرى ئالدىدا بېشىغا چۈشكەن ئىشلارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا گۇمانلىق سوئاللارنى سوراشقا باشلايدۇ. بەلكىم دەھشەتلىك بىر زەربە ئاستىدا خۇداغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئىش، بىراق ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان سىناقلاردا بۇنداق ئىبادەتنى ھەم خۇداغا تايىنىشنى قوغدىي داۋاملاشتۇرۇش بولسا بەلكىم ئادەمنى سىنايدىغان باشقا بىر ئىشتۇر. ئايۇپنىڭ بۇ ئۈچ دوستى ئۇنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى خۇدا چۈشۈرگەن بىرخىل تەربىيە ياكى جازا دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇنى ئۆز گۇناھلىرىدىن يېنىشقا دەۋەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا ئىشلارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغان ئېلىخۇ ئىسىملىك ياش بىر يىگىتمۇ قوشۇلىدۇ؛ ئۇ بۇ ئۈچەيلەننىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلۇپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىدۇ.

بىز تېكىستتىكى بايانلار ئارقىلىق بۇ ئۈچ دوستىنىڭ نەسىھەتى ھەم قىلغان تەنقىدلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا قالغان ئايۇپتىن ئىبارەت خۇدانىڭ بۇ مۆمىن بەندىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرەلەيمىز، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى چوڭ مەسىلىلەردە قىلغان ۋىجدانىي كۈرەشلىرىنى ھەم ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بولغان گۇمانلىرىنىمۇ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. بىز يەنە ئۇنىڭ قانداق قىلىپ

سەممىلىك بىلەن مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىشەنچ-ئېتىقادىنى، ئىلگىرىكى تۇرمۇشىدىكى ۋىجدانىي كۆرەشلىرىنى ھەم غەلىبىلىرىنى كۆرەلەيمىز. مانا بۇلار ئۇنى، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ ئالدىدا ھەققانىي ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرگەنىدى.

ئايۇپنىڭ بۇ ئۈچ دوستى ئاساسەن خۇدانى مۇتلەق ئادىل بولغاچقا، گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسىنى ھايال ئۆتكۈزمەي جازالايدۇ، دەپ قارايدۇ؛ ئۇلار: «ئايۇپنىڭ بالايىئاپەتكە ئۇچرىشى ئۇ چوقۇم مەلۇم بىر جەھەتتە ئېغىر بىر گۇناھنى سادىر قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ»، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئايۇپ بولسا خۇدانى «ھەممىگە قادىر» دەپ بىلىدۇ؛ لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت خۇدانىڭ جازاسى بولسا، بۇ جازانىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇ دوستلىرىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى رەت قىلىپ، خۇدانىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن مۇئامىلىسىدىن گۇمانلىنىپ، خۇدا ئۆزگىرىشچانمىدۇ؟ — ئۇ بىردەم ئادەملەرنىڭ دوستى، بىردەم ئادەملەرنىڭ دۈشمىنى بولامدىغاندۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

ئايۇپ يولۇققان بۇ مەسىلە ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە خۇداغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭا كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۇنداق ئوي-پىكىرلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ: — ئەگەر خۇدا پۈتۈنلەي ياخشى بولسا، ئۇ زوراۋانلىقنىڭ، كېسەللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ھېچ يول قويمىغان بولاتتى؛ شۇڭا ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارنى كونترول قىلىش جەھەتتىكى كۈچ-قۇدرىتىگە نىسبەتەن چوقۇم مەلۇم بىر چەك بولۇشى مۇمكىن؛ شۇڭا ئۇ ھەممىگە قادىر ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ راستلا ھەممە ئىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان بولسا، نېمىشقا بۇ يامان ئىشلارنى توختىتىشتا ياكى توسۇشتا «مۇۋەپپەقىيەتسىز» بولىدۇ؟ بۇ جەھەتلەردە ئۇ ھەرقانداق يامانلىققا يول قويغان؛ شۇڭا، ئۇ «پۈتۈنلەي ياخشى ئەمەس» دەپ قارىلىدۇ.

«ئايۇپ» دېگەن بۇ كىتاب بۇ يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن يېزىلغان ئەمەس. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئازابلىرى ئىچىدە خۇدانى ئىزدىشى

توغرىسىدىكى بىر تارىخ ھەم خۇدانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابلىرىدۇر. بىراق ئايۇپنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىلىرى ئۈچۈن بەزى جاۋابلارنى تېپىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

ئايۇپ ياشىغان دەۋر ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلار بولۇشى مۇمكىن. كىتابتىكى بىرنەچچە تەرەپلەر بىزگە مانا شۇنداق خۇلاسىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئۇ ئىسرائىللىق ئەمەس؛ ئۇ بەلكىم ھازىرقى شىمالىي ئىئوردانىيە ياكى جەنۇبىي سۈرىيەدە ياشىغان ئادەم بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەينى تېكىستتە ئەرەب تىلىنىڭ زور تەسىرى مەۋجۇت. يەنە بىر ئىش، ئايۇپ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى چوقۇم بىر مەزگىل مىسىردا تۇرغان، دەپ قارايمىز. چۈنكى كىتابتا مىسىرنىڭ خېلى كۆپ ئەھۋاللىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

ئايۇپ ئىسرائىللىق (يەھۇدىي) بولمىغاچقا، ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى تىلەپ كافارەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدىغان ھېچقانداق كاھىن («قۇربانلىق قىلغۇچى») يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايۇپ ئۆزى ھەم ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ.

ئايۇپ ھەم ئۈچ دوستىغا نىسبەتەن «قايتا تىرىلىش» توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر ياكى ۋەھىي بېرەلمىگەن. ئۇلار پەقەت: ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئادەمنىڭ روھى ناتونۇش، سىرلىق، قاراڭغۇ يەرگە، يەنى تەھتىساراغا (ئىبرانىي تىلىدا «شېئول») غا بارىدۇ، دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئايۇپ ھازىرقى ئازابلىرىمىنىڭ ئورنىغا، كەلگۈسىدە مەن تىرىلىپ خۇدا بىلەن دوستلۇقتا ھەم خۇشاللىقتا بولىمەن، دېگەن تەسەللىنى تاپالمايدۇ. بىراق بىز ئۇنىڭ ئاقلىنىشى ئۈچۈن ۋە بېشىغا چۈشكەن ئىشلارغا يورۇقلۇق تېپىش ئۈچۈن يېلىنىش ئازابى بىلەن ئىچىدىن چىققان بايانلىرىنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرچە بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. شۇ بايانلىرى ئارقىلىق بىز ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئۆز ئەتراپىنى قاپلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقتىن بۆسۈپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. 9-بابتا ئۇ: «خۇدا بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا كېلىشتۈرگۈچى بىر «ئەلچى» ياكى «ئارىچى» بولسا ئىدى!» دېگەن ئىنتىزارىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن 19-بابتا (25-27-ئايەت) ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنداق بىر «كېلىشتۈرگۈچى»سىنىڭ، ھەقىقەتەن بارلىقىنى جاكارلايدۇ؛ ئۇنىڭ بىر «گوئېل»ى، يەنى ئۇنى ئاقلاش ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان قۇتقۇزغۇچىسى بار بولىدۇ، نەتىجىدە ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن خۇداسىنى

كۆرەلەيدۇ ھەمدە شۇ چاغدا خۇدا ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەنلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ، دەپ بىلدۇرىدۇ. بۇ بايان مۇتلەق ھەيران قالارلىق بولىدۇ ھەم (بەزى جەھەتلەردىن ئېيتقاندا) ئۇنىڭ بارلىق بايانلىرىنىڭ ئىچىدە ئېتىقادىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى سۈپىتىدە تۇرىدۇ. بۇ بايانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى شۈبھىسىزكى، پەقەت مەسىھتە، يەنى «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مەنسىز ھېچكىم خۇدا-ئاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ» دېگۈچى ناسارەتلىك ئەيسادىلا تېپىلىدۇ (ئىنجىل، «يۇھاننا»، 14-بابتا).

بىز يەنە مۇنداق بىر ھالقىلىق مەسىلىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز؛ بۇ ھالقىلىق مەسىلە ئوقۇرمەنلەر بولغان بىزلەرگە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئايۇپنىڭ بېشىغا چۈشكەن ھەربىر ئىش شەيتاننىڭ قوترىتىشى بىلەن باشلىنىدۇ. كىتابنىڭ باشلىنىشىدىلا، بىزگە ئەرشتە ئۆتكۈزۈلگەن بىر كېڭەشتىن بىر كۆرۈنۈش ئايان قىلىنىدۇ. شەيتان ئاشۇ كېڭەشنىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرگەندە، خۇدا ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىپ: — دۇنيادا مەندىن قورقىدىغان، مېنى سۆيىدىغان ھەم ھەقىقەتەن ماڭا خىزمەت قىلىدىغان كىشى بار، ئۇنى كۆرگەنسەن؟ — دەپ سورايدۇ.

شەيتانمۇ خۇداغا جەڭ ئېلان قىلىپ: «دۇنيادا ھەققانىيلىق ياكى مۇھەببەت دېگەندەك مۇنداق نەرسىلەر يوق، بارلىق ئادەملەر، جۈملىدىن ئايۇپ پەقەت سەندىن ئېرىشىدىغان بەختلەر ھەم بەرىكەتلەر ئۈچۈن ئىبادەتتىكىدە بولىدۇ، دەيدۇ. بەخت-بەرىكەتلەر ئايۇپتىن ئېلىپ كېتىلىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ» دەيدۇ. شەيتاننىڭ بۇ سۆزلىرى: «سەن خۇدا «ئىنسانلارغا پارە بېرىدىغىنىڭ» ئۈچۈنلا ئۇلار (بولۇپمۇ ئايۇپ) سېنى سۆيىدۇ» مەنىدە ئېيتىلغانىدى. شەيتاننىڭ ئىككى قېتىملىق ئەرزىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، خۇدا ئايۇپنى شەيتاننىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئايۇپنى بالايىئاپەتلەر بېسىپ كېتىدۇ. مانا بۇ بايانلاردىن بىز شۇنى بىلىمىزكى، ئايۇپتا يۈز بەرگەن ئىشلار ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىش ئۈچۈن ئەمەس ۋە ياكى ئۇنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنى جازالاش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچى-تېشىنىڭ بىردەكلىكىنى، ھەققانىيلىقىنى ھەم سۆيگۈسىنى سىناش ئۈچۈندۇر (ھالبۇكى، بۇ سىناقلار ئايۇپنى تېخىمۇ پاكلايدۇ ھەم ئۇنى تاۋلايدۇ).

بۇ ئىشلارنىمۇ يەنە خۇدانىڭ ئىنسانلارغا تۇتقان پىلانىغا نىسبەتەن ھەمدە ئۇنىڭ ئايۇپقا «مېنىڭ ئىشەنچلىك قۇلۇم» دەپ باغلىغان ئىشەنچىسىگە نىسبەتەنمۇ كەلگەن بىرخىل سىناق ھېسابلىنىغلى بولىدۇ. بىراق كىتابتا خاتىرىلەنگەن بارلىق ئىشلاردا، ئايۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۈچ دوستى خۇدانىڭ ئايۇپ توغرىسىدىكى ئەينى ئېيتقان سۆزلىرىدىن، شۇنداقلا شەيتاننىڭ خۇداغا جەڭ ئېلان قىلغان شىكايەتلىرىدىن ھېچ خەۋەرسىز ئىدى؛ پەقەت ئوقۇرمەنلەر بولغان بىزلەرلا ئەينى چاغدا ھەقىقەتەن نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز؛ پەقەت بىزلا خۇدا بىلەن شەيتاننىڭ ئەرشتە ئەينى چاغدىكى قارمۇقارشى ئېيتقان سۆزلىرىدىن خەۋەرلەنگەن بولۇپ، ئايۇپ بىلەن دوستلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە گەپ-سۆھبەتلەرگە باھا بېرەلەيمىز.

كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى ئىككى باب بىلەن «خاتىمە قىسمى»دىكى ئاخىرقى بابتىن سىرت، كىتابنىڭ قالغان قىسملىرى ئىبرانىي شېئىرىيىتى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. باشقا كىتابلاردا قەيت قىلغىنىمىزدەك، ئىبرانىي شېئىرىيىتىدە مىسرالار ئىككى مىسرالىق (پاراللېل)، بەزىدە ئۈچ مىسرالىق يېزىلىدۇ. بىر بەندىتىكى (كۇپلېتتىكى) ھەربىر مىسرانىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى سېلىشتۇرما بولىدىغان تېمىسى بار. خۇدا بىزگە ئىنئام قىلغان بۇ خىل شېئىرىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدە ۋەزنى ۋە قاپىيىلىرى بولمىغاچقا، بۇ خىل شېئىرىيەتنى جۈرئەتلىك تەرجىمە قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق. دۇنيا خەلقلىرى بۇ بەند ۋە مىسراللارنى ئوقۇپ ھەم ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن مەنىۋىيەت بىلەن بەھرىمەن بولۇۋاتماقتا.

تەرجىمە جەريانىدا، بىز ئىبرانىي تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن ئالىملارنىڭ مەخسۇس «ئايۇپ» توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىدىن چوڭقۇر ياردەم، ئىلھام، شۇنداقلا ئۆزىمىزگە نىسبەتەن كۆپ بەھرىگە ئېرىشتۇق. بولۇپمۇ «ئايۇپ» تېمىسىدا يېزىلغان ئەنگلىيەدىكى كلارك دوكتور (1817)، گېرمانىيەدىكى دېلىتچ دوكتور (1851)، شوتلاندىيەدىكى ستراخان دوكتور (1890) ھەم ئاۋسترالىيەدىكى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئاندېرسېن پروفېسسورلارنىڭ (1975) ئەسەرلىرىدىن، شۇنىڭدەك 1920-يىللىرى قەشقەردە ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە

نۇسخىسىدىن ھەم خەنزۇچە (1911-يىلدىكى «和合本») «مۇقەددەس كىتاب» نۇسخىسىدىن كۆپ پايدىلاندۇق.

بارلىق تارىخشۇناسلار ئېتىراپ قىلغاندەك، تەۋراتنىڭ «ئايۇپ» قىسمى ئەڭ قەدىمىي بىر كىتابدۇر؛ ئەگەر بۇنداق ئىنتايىن بىلىملىك ئالىملار ھەم تىلشۇناسلارنىڭ ياردىمى ھەم زور تۆھپىسى بولمىغان بولمىسا، «ئايۇپ»نى چۈشىنىشتە ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا بىز تېخى كۆپ گۆدەك ھېسابلىنىمىز.

كىتابنىڭ كۆپ قىسمىدا ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستى بىلەن بولغان سۆھبىتىنىڭ خاتىرىلەنگەن؛ ئايۇپ ھەم ئۇنىڭ دوستلىرى سۆز قىلغاندىن كېيىن، ئېلىخۇ سۆز قىلىدۇ؛ ئەڭ ئاخىرىدا خۇدا ئۇلارنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن بىر دەھشەتلىك بىر قارا قۇيۇن ئىچىدىن ئايۇپقا سۆزلەيدۇ. ئوقۇرمەنلەر سۆھبەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ ھەقىقەت ۋە نېمىنىڭ ساختىلىق ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر ــ دېمەك، ئوقۇمەنلەر ئۆزى ئايۇپنىڭ سۆزلىرىدە نېمىنى خۇدادىن گۇمانلىنىپ، نېمىنى ئېتىقادى بىلەن ئېيتقانلىقىنى، دوستلىرى ھەم ئېلىخۇنىڭ دېگەنلىرىدىن نېمىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز پىكىرلىرىدىنلا كەلگەنلىكىنى، نېمىنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن دەپ بەزى زۆرۈر ئىزاھاتلارنى بەردۇق.

بىز ئايۇپ بىلەن ئۈچ دوستى ھەم ئېلىخۇ ئارىلىقىدا بولغان بۇ سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىنى، ھەتتا ئايۇپنىڭ دوستلىرىنىڭ خاتا پىكىرلىرى ھەم ئايۇپنىڭ ئاچچىق داد-پەريادلىرىنى پۈتۈنلەي خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەيت قىلىنىپ يېزىلغان ھەم شۇنداقلا ئەينى ھالدا خاتىرىلەنگەن، دەپ ئىشىنىمىز. بىز خۇدانىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بۇيرۇغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئىزاھلاپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

«ئايۇپ» دېگەن بۇ كىتاب كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ھەرقانداق مەدەنىيەتتىكى ئېتىقادچىلار ھەم ئېتىقادسىزلار تەرىپىدىنمۇ «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بىرى» دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشتىكى مەقسىتىمىز مۇشۇ سەۋەبتىن ئەمەستۇر؛ كىتابنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى

ھەزرىتى ئايۇپنىڭ ئىزلىرىنى باسىدىغانلار ئۇچۇن بولىدۇ. مەقسىتىمىز بولسا ئۇلار بۇ پايداغا ئېرىشسۇن دېگەندىن ئىبارەتتۇر. دېمەك، مۇقەددەس تەۋرات ھەم ئىنجىلدىكى ۋەھىيگە ئاساسەن، ھەممىگە قادىر بولغۇچىغا تايىنىشنى ئۆگىنىدىغانلارنىڭ «پەرۋەردىگار مۇھەببەتتۇر» دەپ تونۇپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ھەم ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئاستىدا خۇداغا ئىشىنەلىشىدە مۇشۇ كىتابنىڭ تولۇق پايدىسى بولسۇن دەپ دۇئا بىلەن ئۇنى تەرجىمە قىلدۇق.

## مەزمۇن: –

(1) (1:1-5) تونۇشتۇرۇش. ئايۇپ؛ ئۇنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئائىلىسى

(2) (1:6-12) ئەرشتىكى بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەت. شەيتان خۇداغا ئايۇپ توغرىسىدا جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

(3) (1:13-22) نەتىجە. بالايىئاپەت ئايۇپنىڭ تەئەللۇقاتى ھەم ئائىلىسىدىكىلەرگە چۈشىدۇ. ئايۇپ يەنىلا خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ.

(4) (2:1-6) ئەرشتىكى ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت. شەيتان خۇداغا ئايۇپ توغرىسىدا يەنە جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

(5) (2:7-10) نەتىجىسى. ئايۇپنى قورقۇنچلۇق بىر كېسەل باسىدۇ. ئۇ يەنىلا خۇداغا ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

(6) (2:11-13) ئايۇپنىڭ دوستلىرى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ماتەم تۇتۇپ سۈكۈت بىلەن ئولتۇرۇشىدۇ.

(7) (3-باب) ئايۇپ ئۈچ دوستى بىلەن سۆزلىشىشكە باشلايدۇ.

(8) (4-31-باب) ئايۇپ ۋە دوستلىرىنىڭ ئارىلىقىدا بولغان سۆھبەتلەر

(9) (32-37-باب) ئېلىخۇنىڭ بايانلىرى. قارا قۇيۇن چۈشىدۇ.

(10) (38-41-باب) خۇدانىڭ ئۆزى ئايۇپقا جاۋاب بېرىدۇ.

(11) (42-باب) ئايۇپنىڭ خۇداغا بەرگەن جاۋابى. ئۇنىڭ دوستلىرىغا خۇدا تەرىپىدىن تەنبىھ بېرىلىدۇ. ئايۇپ دوستلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى بىلەن كېسىلىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىن كۆپ بەرىكەتلەر ياغىدۇ.

ئىزاھات: – يەنە تەكرارلايمىزكى، كىرىش سۆز، ماۋزۇ ۋە ئىزاھاتلار ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن تەرجىمان تەرىپىدىن بېرىلدى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەسلىي تېكىست-ئايەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس.

# ئايۇپ

## ئىخلاسمەنلىك ھەم ئاۋاتلىق

1 [1] «ئۇز» دېگەن يۇرتتا، ئايۇپ ئىسىملىك بىر ئادەم ياشىغانىدى. بۇ
ئادەم بولسا قۇسۇرسىز، دۇرۇس، خۇدادىن قورقىدىغان، يامانلىقتىن
ئۆزىنى يىراق تۇتىدىغان ئادەم ئىدى.
[2] ئۇنىڭدىن يەتتە ئوغۇل ۋە ئۈچ قىز تۇغۇلدى. [3] ئۇنىڭ يەتتە مىڭ قوي،
ئۈچ مىڭ تۆگە، بەش يۈز جۈپ كالا، بەش يۈز مادا ئېشەك قاتارلىق مال-
مۈلكى بار ئىدى. ئۇنىڭ مالايلىرى بەك كۆپ ئىدى؛ ئۇ شەرقلىقلەر
ئىچىدە ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىدى.
[4] ئۇنىڭ ئوغۇللىرى نۆۋەت بويىچە بېكىتكەن كۈنىدە ئۆز ئۆيىدە
باشقىلار ئۈچۈن داستىخان سېلىپ زىياپەت قىلاتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇلار
ئادەم ئەۋەتىپ ئۈچ سىڭلىسىنى ئۇلار بىلەن بىللە تاماقلىنىشقا
چاقىرتاتتى. [5] ئۇلارنىڭ شۇ زىياپەت كۈنلىرى ئاياغلىشى بىلەن ئايۇپ
ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى خۇدا ئالدىدا پاكلىنىشقا ئورۇنلاشتۇراتتى. ئۇ
تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سانىغا ئاساسەن كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلارنى قىلاتتى. چۈنكى ئايۇپ: «بالىلىرىم گۇناھ قىلىپ
قويۇپ، كۆڭلىدە خۇداغا بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويامدىكىن» دەپ
ئويلايتتى. ئايۇپ ھەردائىم ئەنە شۇنداق قىلىپ تۇراتتى.

---

**1:1** ئايۇپ 3:2

5:1 **«ئايۇپ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى خۇدا ئالدىدا پاكلىنىشقا ئورۇنلاشتۇراتتى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئايۇپ ئۇلارنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى خۇدا ئالدىدا پاكلاندۇراتتى». **«پاكلىنىش»** — ئەينى چاغدىكى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن «ئادەمنى پاكلاندۇررۇش»نىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى بىزگە نامەلۇم. بەلكىم يۇيۇندۇرۇلۇپ، پاكىز كىيىملەرنى كىيدۈرۈش دېگەندەك ئىش بولۇشى مۇمكىن. **«كۆيدۈرمە قۇربانلىق»** — قەدىمكى زامانلاردا مەلۇم بىر ھايۋان (قوي، كالا، قاتارلىق)نى سويۇپ، ئۇنىڭ قېنىنى يەرگە ئېقىتىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ پۈتۈن تېنىنى خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ خىل قۇربانلىق گۇناھنى تىلەش

## ئەرشتىكى بىرىنچى قېتىملىق كېڭەش؛
## شەيتان سوقۇنۇپ كىرىدۇ

[6] بىر كۈنى، خۇدانىڭ ئوغۇللىرى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولدى.
شەيتانمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى. [7] پەرۋەردىگار شەيتاندىن: ــ
نەدىن كەلدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.
شەيتان پەرۋەردىگارغا جاۋابەن: ــ يەر يۈزىنى كېزىپ پايلاپ، ئۇياق-
بۇياقلارنى ئايلىنىپ چۆرگىلەپ كەلدىم، دېدى.
[8] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ مېنىڭ قۇلۇم ئايۇپقا دىققەت قىلغانسەن؟
يەر يۈزىدە ئۇنىڭدەك مۇكەممەل، دۇرۇس، خۇدادىن قورقىدىغان ھەم
يامانلىقتىن يىراق تۇرىدىغان ئادەم يوق، ــ دېدى.
[9] شەيتان پەرۋەردىگارغا جاۋابەن: ــ ئايۇپ خۇدادىن بىكاردىن بىكار
قورقمىغاندۇ؟ [10] ئۆزۈڭ ئۇنىڭ ئۆزى، ئائىلىسىدىكىلىرى ھەم
ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنىڭ ئەتراپىغا قاشا قويغان ئەمەسمۇ؟
سەن ئۇنىڭ قولىغا بەرىكەت ئاتا قىلدىڭ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ
تەئەللۇقاتى تەرەپ-تەرەپتىن گۈللىنىپ ئاۋۇماقتا. [11] ئەگەر سەن
قولۇڭنى سوزۇپ، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلىرىگە تېگىپ قويساڭ، ئۇ
سەندىن يۈز ئۆرۈپ، سېنى تىللىمىسا شەيتان بولماي كېتەي! ــ
دېدى.

---

ياكى خۇداغا ئىبادەت قىلىش مەقسىتىدە قىلىنىدۇ. **«خۇداغا بىھۆرمەتلىك قىلىش»** ــ مۇشۇ سۆز ئىبرانىي تىلىدا «باروق» دەپ ئېلىنىدۇ. «باروق» ئادەتتە «بەرىكەت، بەخت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ دەۋردە ئادەملەر بىر-بىرى بىلەن خوشلاشقاندا «بەرىكەتلىك بولسۇن» دەپ بەخت تىلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن «بەخت تىلەش» («باروق») «خوشلىشىش»نى بىلدۈرۈپمۇ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. دېمەك، مۇشۇ يەردە بۇ ئىبارە «باللىرىم خۇدادىن خوشلىشىپ («خۇدادىن ۋىدالاشقاندەك») ئايرىلىپ كېتەمدىكىن» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.
6:1 **«خۇدانىڭ ئوغۇللىرى»** ــ مۇشۇ يەردە ئېھتىمال مۇقەددەس پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. 7:38نى كۆرۈڭ. **«شەيتانمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى»** ــ خۇدا نېمە ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۆزىنى ئەركىنلىك بىلەن ھاقارەتلىشىگە يول قويىدۇ؟ بۇ مۇھىم مەسىلە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
7:1 1پېت. 8:5
10:1 **«ئەتراپىغا قاشا قويغان»** ــ ياكى «ئەتراپىغا توساق قويغان».

[12] پەرۋەردىگار شەيتانغا: ــ مانا، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى سېنىڭ قولۇڭغا تۇتقۇزدۇم! بىراق ئۇنىڭ ئۆزىگە تەگكۈچى بولما! ــ دېدى.
شۇنداق قىلىپ شەيتان پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ كەتتى.

## بىرىنچى سىناق

[13] بىر كۈنى، ئايۇپنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى چوڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ، شاراب ئىچىپ ئولتۇراتتى. [14] بىر خەۋەرچى ئايۇپنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ــ كالىلار بىلەن يەر ھەيدەۋاتاتتۇق، ئېشەكلەر ئەتراپتا ئوتلاۋاتاتتى؛ [15] شېبالىقلار ھۇجۇم قىلىپ كالا-ئېشەكلەرنى بۇلاپ كەتتى. ئىشلەۋاتقان ياشلارنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. يالغۇز مەنلا قۇتۇلۇپ قېلىپ، سىلىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە نېسىپ بولدۇم، ــ دېدى.
[16] بۇ ئادەمنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، يەنە بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئايۇپقا: ــ ئاسماندىن خۇدانىڭ ئوتى چۈشۈپ قويلار ۋە ئىشلەۋاتقان ياشلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى؛ يالغۇز مەنلا قۇتۇلۇپ قالدىم، سىلىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە نېسىپ بولدۇم، ــ دېدى.
[17] بۇ ئادەمنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، يەنە بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئايۇپقا: ــ كالدىيلەر ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ تۆگىلەرنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى، ئىشلەۋاتقان ياشلارنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ يالغۇز مەنلا قۇتۇلۇپ قالدىم، سىلىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە نېسىپ بولدۇم، ــ دېدى.
[18] بۇ ئادەمنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، يەنە بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئايۇپقا: ــ ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرى چوڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ، شاراب ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا، [19] تۇيۇقسىز، چۆلدىن قاتتىق بىر بوران چىقىپ ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىنى قاتتىق سوقۇپ، ئۆي غۇلاپ چۈشۈپ ياشلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ يالغۇز مەنلا قۇتۇلۇپ قالدىم، سىلىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە نېسىپ بولدۇم، ــ دېدى.

20 ئايۇپ بولسا بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تونىنى يىرتىپ،
چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ خۇداغا ئىبادەت قىلدى: ــ
21 مەن ئاپامنىڭ قورسىقىدىن يالىڭاچ چۈشكەن، ئۇ يەرگىمۇ يالىڭاچ
قايتىمەن؛ ھەممىنى پەرۋەردىگار ماڭا بەرگەن، ئەمدى پەرۋەردىگار
مەندىن ئېلىپ كەتتى؛ پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا تەشەككۈر-مەدھىيە
قايتۇرۇلسۇن! ــ دېدى.
22 بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئايۇپ گۇناھ قىلمىدى ۋە ياكى خۇدانى
ھېچقانداق نالايىقلىق بىلەن ئەيىبلىمىدى.
ئەرشتىكى ئىككىنچى قېتىملىق كېڭەش؛ شەيتان يەنە سوقۇنۇپ
كىرىدۇ؛ ئىككىنچى سىناق

2 1 يەنە بىر كۈنى، خۇدانىڭ ئوغۇللىرى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا
ھازىر بولۇشقا كەلدى. شەيتانمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى.
2 پەرۋەردىگار شەيتاندىن: ــ نەدىن كەلدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى. شەيتان
پەرۋەردىگارغا جاۋابەن: ــ يەر يۈزىنى كېزىپ پايلاپ، ئۇياق-بۇياقلارنى
ئايلىنىپ چۆرگىلەپ كەلدىم، ــ دېدى.
3 پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: ــ مېنىڭ قۇلۇم ئايۇپقا دىققەت قىلغانسەن؟
يەر يۈزىدە ئۇنىڭدەك مۇكەممەل، دۇرۇس، خۇدادىن قورقىدىغان ھەم
يامانلىقتىن يىراق تۇرىدىغان ئادەم يوق. مەيلى سەن مېنى ئۇنى
بىكاردىن-بىكار يوقىتىۋېتىشكە دەۋەت قىلغان بولساڭمۇ، ئۇ يەنىلا
ساداقەتلىكىدە چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ، ــ دېدى.
4 شەيتان پەرۋەردىگارغا جاۋابەن: ــ ھەر ئادەم ئۆز جېنىنى دەپ
تېرىسىنى بېرىشكىمۇ رازى بولىدۇ، ھەتتا ھەممە نېمىسىنىمۇ
بېرىشكە تەيياردۇر؛ 5 بىراق سەن ھازىر قولۇڭنى سوزۇپ ئۇنىڭ

21:1 توپ. 14:5؛ 1تىم. 7:6
1:2 «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» ــ 6:1، 7:38 ۋە ئىزاھاتلارنى يەنە كۆرۈڭ.
4:2 «ئادەم ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تېرىسىنى بېرىشكىمۇ رازى بولىدۇ» ــ

سۆڭەك-ئەتلىرىگە تەگسەڭ، ئۇ سەندىن يۈز ئۆرۈپ تىللىمسا
شەيتان بولماي كېتەي! ــ دېدى.
[6] پەرۋەردىگار شەيتانغا: ــ مانا، ئۇ ھازىر سېنىڭ قولۇڭدا تۇرۇۋاتىدۇ!
بىراق ئۇنىڭ جېنىغا تەگمە! ــ دېدى.
[7] شۇنداق قىلىپ شەيتان پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدىن چىقىپ، ئايۇپنىڭ
بەدىنىنى تاپىنىدىن بېشىغىچە ئىنتايىن ئازابلىق ھۆررەك-ھۆررەك
يارىلار بىلەن توشقۇزۇۋەتتى.
[8] ئايۇپ بولسا بەدىنىنى تاتىلاش-غىرداش ئۈچۈن بىر ساپال پارچىسىنى
قولىغا ئېلىپ، كۈللۈككە كىرىپ ئولتۇردى. [9] ئايالى ئۇنىڭغا: ــ
ئەجەبا سەن تېخىچە ئۆز ساداقەتلىكىڭدە چىڭ تۇرۇۋاتامسەن؟
خۇدانى قارغا، ئۆلۈپلا تۈگەش! ــ دېدى.
[10] لېكىن ئايۇپ ئۇنىڭغا: ــ سەن ھاماقەت ئاياللاردەك
گەپ قىلىۋاتىسەن. بىز خۇدانىڭ ياخشىلىقىنى قوبۇل
قىلغانىكەنمىز، ئەجەبا ئۇنىڭدىن كەلگەن كۈلپەتنىمۇ قوبۇل
قىلىشمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى. ئىشلاردا ئايۇپ ئېغىزدا
ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدى.

ئىبرانىي تىلىدا: «ئادەم ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تېرىنىڭ ئورنىغا تېرە بېرىشكىمۇ رازى بولىدۇ» دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلگەن ــ مەنىسى بەلكىم بىز تەرجىمە قىلغىنىمىزدەك بولۇشى كېرەك
7:2 **«ئىنتايىن ئازابلىق ھۆررەك-ھۆررەك يارىلار»** ــ بۇ كېسەلنىڭ قايسى كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرىش قىيىن. بەزى دوختۇرلار ئۇنى «ياۋا چېچەك كېسىلى» دەپ قارايدۇ.
8:2 **«كۈللۈككە كىرىپ ئولتۇرۇش»** ــ قەدىمكى زامانلاردا ماتەم تۇتۇش ياكى قاتتىق قايغۇنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئادەملەر كۈل دۆۋىسىدە ئولتۇراتتى. قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا ئادەتتە چوڭ بىر «كۈل دۆۋىسى» بولىدۇ، ئايۇپ شۇ كۈل دۆۋىسى ئۈستىگە ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن.
9:2 **«خۇدانى قارغا!»** ــ ئايۇپنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا خۇدانى قارغا دەپ بۇ نەسىھەت قىلىشى، مۇشۇ ئارقىلىق خۇدا تەرىپىدىن جېنىڭ ئېلىنسۇن دېگەن مەنىدە.
—«خۇدانى قارغا!» ــ ئىبرانىي تىلىدا «بارۇق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، «خۇدا بىلەن خوشلىشىش»، «خۇدادىن ۋاز كېچىش» دېگەندەك مەنىلەردە. 5:1دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
**«ئۆلۈپلا تۈگەش!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆلۈۋەرگىن!».

## ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كېلىشى

[11] ئايۇپنىڭ دوستلىرىدىن ئۈچەيلەن ئۇنىڭغا چۈشكەن كۈلپەتتىن
خەۋەردار بولدى. ئۇلار، يەنى تېمانلىق ئېلىفاز، شۇخالىق بىلداد ۋە
نائاماتلىق زوفار دېگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۆز يۇرتلىرىدىن چىقىپ،
ئايۇپقا ھېسداشلىق بىلدۈرۈش ھەم تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ
يېنىغا بېرىشقا بىللە كېلىشكەنىدى.
[12] ئۇلار كېلىپ يىراقتىنلا ئۇنىڭغا قارىشىدى، ئۇنى تونۇيالماي
قالدى-دە، ئاۋازلىرىنى كۆتۈرۈپ يىغلاپ تاشلىدى. ھەربىرى ئۆز
تونلىرىنى يىرتىۋېتىپ، توپا-چاڭلارنى ئاسمانغا ئېتىپ ئۆز
باشلىرىغا چېچىشتى. [13] ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە داق يەردە يەتتە
كېچە-كۈندۈز ئولتۇردى، ئۇنىڭغا ھېچكىم گەپ قىلمىدى؛ چۈنكى
ئۇلار ئۇنىڭ دەرد-ئەلىمىنىڭ ئىنتايىن ئازابلىق ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ يەتكەنىدى.

## ئايۇپنىڭ سۆزلىشى — ئۇنىڭ ھاياتقا لەنەت ئوقۇپ، ئۆلۈمگە ئىنتىزار بولۇشى

3 [1-2] يەتتە كۈندىن كېيىن، ئايۇپ ئېغىز ئېچىپ ئەھۋالىغا قارىتا
ئۆزىنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىگە لەنەت ئوقۇپ مۇنداق دېدى: —
[3] «مەن تۇغۇلغان ئاشۇ كۈن بولمىغان بولسا بوپتىكەن!
«ئوغۇل بالا ئاپىرىدە بولدى!» دېيىلگەن شۇ كېچە بولمىغان بولسا
بوپتىكەن!
[4] شۇ كۈننى زۇلمەت قاپلىغان بولسا بوپتىكەن!
ئەرشتە تۇرغان تەڭرى كۆز ئالدىدىن شۇ كۈننى يوقىتىۋەتكەن بولسا
بوپتىكەن،
قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلمىسە بوپتىكەن!

---

1:3-2 يەر. 10:15؛ 14:20

3:3 **«ئوغۇل بالا ئاپىرىدە بولدى!»** — بۇ گەپنى پەرىشتىلەر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

5 **شۇ كۈننى قاراڭغۇلۇق ھەم ئۆلۈمنىڭ كۆلەڭگىسى ئۆز قوينىغا ئالسا**
**بوپتىكەن!**
**بۇلۇتلار ئۇنى يۇتۇپ كەتسە بوپتىكەن،**
**شۇ كۈننى كۈن قاراڭغۇلاتقۇچىلار قورقۇتۇپ كەتكۈزۈۋەتكەن بولسا**
**بوپتىكەن!**
6 **شۇ كەچنى ــ زۇلمەت تۇتۇپ كەتسە بوپتىكەن؛**
**شۇ كۈن يىل ئىچىدىكى باشقا كۈنلەر بىلەن بىللە شاتلانمىسا**
**بوپتىكەن!**
**شۇ كۈن ئاينىڭ بىر كۈنى بولۇپ سانالمىسا بوپتىكەن!**
7 **مانا، شۇ كېچىدە تۇغۇت بولمىسا بوپتىكەن!**
**ئۇ كېچىدە ھېچقانداق شاد-خۇراملىق ئاۋاز ياڭرىمىسا بوپتىكەن!**
8 **كۈنلەرگە لەنەت قىلغۇچىلار شۇ كۈنگە لەنەت قىلسا بوپتىكەن!**
**لېۋىئاتاننى قوزغاشقا پېتىنالايدىغانلار شۇ كۈنگە لەنەت قىلسا**
**بوپتىكەن!**
9 **شۇ كۈن تاڭ سەھەردىكى يۇلتۇزلار قاراڭغۇلاشسا بوپتىكەن!**
**ئۇ كۈن قۇياش نۇرىنى بىھۇدە كۈتسە بوپتىكەن!**
**شۇ كۈن سۇبھىنىڭ قاپاقلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى بىھۇدە كۈتسە**
**بوپتىكەن!**
10 **چۈنكى شۇ كۈن مېنى كۆتۈرگەن بالىياتقۇنىڭ ئىشىكلىرىنى**

---

5:3 **«كۈن قاراڭغۇلاتقۇچىلار»** ــ بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ھازىر بىرنېمە دېيىش تەس. بەلكىم جادۇگەرلەرنىڭ بىر خىل جادۇگەرلىكنى ئىشلىتىپ كۈننى قاراڭغۇلىتىشقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

8:3 **«لېۋىئاتان»** ــ چوڭقۇر دېڭىز ئاستىدا ياشايدىغان قورقۇنچلۇق ئەجدىھاغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھايۋان. «لېۋىئاتاننى قوزغاش» بولسا، بەزى كونا مەدەنىيەتلەردە: «بۇ يوغان ھايۋاننى قوزغاپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ پۈتۈن قۇياشنى توسۇپ يېپىپ، قاراڭغۇلۇق چۈشۈرەلەيمىز» دېگەن كۆزقاراشتۇر. ئايۇپنىڭ ئۆزى مۇنداق «قاراڭغۇلاشتۇرۇش ئۇسۇلى»غا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، بىراق شېئىرلىك تەكىتلەش ئۈچۈن بۇ سېلىشتۇرمىنى ئىشلىتىدۇ. دېمەك، ئايۇپ مۇشۇ يەردە ئۆزى تۇغۇلغان كۈننىڭ مۇشۇ ئەجدىھاغا ئوخشاش قورقۇنچلۇقلىقىنى ۋە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەتمىگەن،
مېنىڭ كۆزلىرىمنى دەرد-ئەلەمنى كۆرەلمەس قىلمىغان.
11 ئاھ، نېمىشقا ئانامنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈپلا ئۆلۈپ كەتمىگەندىمەن؟!
نېمىشقا قورساقتىن چىققاندىلا نەپەستىن قالمىغاندىمەن؟
12 نېمىشقا مېنى قوبۇل قىلىدىغان ئېتەكلەر بولغاندۇ؟
نېمىشقا مېنى ئېمىتىدىغان ئەمچەكلەر بولغاندۇ؟
13 مۇشۇلار بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا مەن مەڭگۈ تىنچ يېتىپ قالاتتىم،
مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بولاتتىم، شۇ چاغدا ئارام تاپقان بولاتتىم.
14 شۇ چاغدا ئۆزلىرى ئۈچۈنلا خىلۋەت جايلارغا مازار سالغان يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ھەم مەسلىھەتچىلەر بىلەن،
15 ياكى ئالتۇن يىغقان،
ئۆيلىرى كۈمۈشكە تولغان بەگ-شاھزادىلەر بىلەن بولاتتىم؛
16 قورساقتىن مەزگىلسىز چۈشۈپ كەتكەن يوشۇرۇن بالىدەك،
نۇرنى كۆرمەي چاچراپ كەتكەن بالىدەك ھايات كەچۈرمىگەن بولاتتىم.
17 ئاشۇ يەردە رەزىللەر ئاۋارىچىلىكتىن خالىي بولىدۇ،
ئاشۇ يەردە ھالىدىن كەتكەنلەر ئارام تاپىدۇ؛
18 ئاشۇ يەردە ئەسىرلەر راھەتتە جەم بولىدۇ،
ئۇلار ئەزگۈچىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايدۇ؛
19 غېرىبلارمۇ ھەم ئۇلۇغلارمۇ ئاشۇ يەردە تۇرىدۇ،
قۇل بولسا خوجايىنىدىن ئازاد بولىدۇ.

---

14:3 **«ئۆزلىرى ئۈچۈنلا خىلۋەت جايلارغا مازار سالغان يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ھەم مەسلىھەتچىلەر»** — بۇ ئايەتتىكى «مازار» بەلكىم مىسىردىكى چوڭ ئېھراملارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. مەيلى چوڭ، ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، بەربىر ئادەمنى ئۆلۈمدىن قوغدىيالمايدۇ. بۇ جۈملىنى يەنە «ئۆزى ئۈچۈنلا ھازىر خارابىلىشىپ كەتكەن جايلارنى قۇرغان پادىشاھلار...» دەپ تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ.

17:3 **«ئاشۇ يەردە رەزىللەر ھالىدىن كەتكەنلەر ئارام تاپىدۇ»** — مۇشۇ يەردە ئايۇپنىڭ سۆزى خۇدانىڭ ئادالىتىدىن گۇمانلىنىشىغا يېقىن كېلىدۇ. ئۇ، رەزىللەر باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش گۆردە تەڭ بولۇپ ئوخشاش دەم ئالالايدۇ، دەۋاتقاندەك مەنىدە سۆزلەيدۇ.

20 جاپا تارتقۇچىغا نېمە دەپ نۇر بېرىلىدۇ؟
نېمىشقا دەرد-ئەلەمگە چۆمگەنلەرگە هايات بېرىلىدۇ؟
21 ئۇلار تەشنالىق بىلەن ئۆلۈمنى كۈتىدۇ،
بىراق ئۇ كەلمەيدۇ؛
ئۇلار ئۆلۈمنى يوشۇرۇن گۆھەرنى كېزىپ ئىزدىگەندىنمۇ ئەۋزەل بىلىدۇ،
22 ئۇلار گۆرنى تاپقاندا زور خۇشال بولۇپ،
شاد-خۇراملىققا چۆمىدۇ.
23 ئۆز يولى ئېنىقسىز ئادەمگە،
يەنى تەڭرىنىڭ توسقى سېلىنغان ئادەمگە نېمىشقا نۇر ۋە هايات بېرىلىدۇ؟
24 شۇڭا تامىقىمنىڭ ئورنىغا نالىلىرىم كېلىدۇ؛
مېنىڭ قاتتىق پەريادلىرىم شارقىراتمىدەك شارقىرايدۇ.
25 چۈنكى مەن دەل قورققان ۋەھشەت ئۆز بېشىمغا چۈشتى؛
مەن دەل قورقىدىغان ئىش ماڭا كەلدى.
26 مەندە هېچ ئاراملىق يوقتۇر!
هەم هېچ خاتىرجەم ئەمەسمەن!
هېچ تىنچ-ئامانلىقىم يوقتۇر!
بىراق پاراكەندىچىلىك هامان ئۇستۈمگە چۈشمەكتە!».

## ئېلىفازنىڭ سۆز قىلىشى
## «ئادەم خۇدانىڭ ئالدىدا ھەققانىي بولالمايدۇ»

4 1 تېمانلىق ئېلىفاز جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
2 «بىرسى سەن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولسا، ئېغىر ئالامسەن؟
بىراق كىم ئاغزىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋالالايدۇ؟
3 قارا، سەن كۆپ ئادەملەرگە تەلىم-تەربىيە بەرگەن ئادەمسەن،
سەن جانسىز قوللارغا كۈچ بەرگەنسەن،

4 سۆزلىرىڭ دەلدەڭشىپ ئاران ماڭىدىغانلارنى رىغبەتلەندۈرگەن،
تىزلىرى پۈكۈلگەنلەرنى يۆلىگەنسەن.
5 بىراق هازىر نۆۋەت ساڭا كەلدى،
شۇنىڭلىق بىلەن هالىڭدىن كەتتىڭ،
بالايىئاپەت ساڭا تېگىشى بىلەن،
سەن ئالاقزادە بولۇپ كەتتىڭ.
6 ئىخلاسمەنلىكىڭ تايانچىڭ بولۇپ كەلمىگەنمۇ؟
يوللىرىڭدىكى دۇرۇسلۇق ئۈمىدىڭنىڭ ئاساسى ئەمەسمىدى؟
7 ئېسىڭگە ئال، كىم بىگۇناھ تۇرۇپ ۋەيران بولۇپ باققان؟
دۇرۇسلارنىڭ هاياتى نەدە ئۈزۈلۈپ قالغان؟
8 مەن كۆرگىنىمدەك، گۇناھ بىلەن يەر ئاغدۇرۇپ ئاۋارىچىلىك تېرىغانلار،
ئوخشاشلا هوسۇل ئالىدۇ.
9 تەڭرىنىڭ بىر نەپىسى بىلەنلا ئۇلار گۇمران بولىدۇ،
ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ پارتلىشى بىلەن ئۇلار يوقىلىپ كېتىدۇ.
10 شىرنىڭ هۆركىرەشلىرى،

---

5:4 «بالايىئاپەت ساڭا تېگىشى بىلەن، سەن ئالاقزادە بولۇپ كەتتىڭ!» ــ دېمەي تۇرالمايمىزكى، ئېلىفازنىڭ «بالايىئاپەت ساڭا تېگىشى بىلەن» دېگىنى ئايۇپنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ناھايىتى يېنىك چاغلىغان بىر سۆزدۇر.
7:4 «كىم بىگۇناھ تۇرۇپ ۋەيران بولۇپ باققان؟ دۇرۇسلارنىڭ هاياتى نەدە ئۈزۈلۈپ قالغان؟» ــ ئېلىفازنىڭ بايانى، شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بىراق بۇنداق سۆزلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ھەردائىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ناتايىن. ئايۇپنىڭ دوستلىرىنىڭ ھەممىسى: «بۇ دۇنيادا گۇناھ سادىر قىلغان ھەرقانداق ئادەمگە كۈلپەت كەلتۈرۈلىدۇ؛ ئايۇپقا كۈلپەت كەلدى؛ شۇڭا ئۇ چوقۇم مەلۇم بىر ئېغىر گۇناھنى قىلغان» دەپ پەرەز قىلىدۇ. بۇ كۆزقاراشنى ئايۇپ قوبۇل قىلمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق گەپلەر ئۇنى ئىنتايىن ئازابلايدۇ ھەم ئۇنى خۇدانىڭ ئادالىتىدىن گۇمانلىنىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئايۇپ ۋە ئۇنىڭ دەۋرىدىكىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى توغرىسىدا ئاساسەن خەۋىرى يوق ئىدى.
8:4 ئايۇپ 35:15؛ زەب. 7:14-16؛ پەند. 22:8؛ يەش. 59:4؛ ھوش. 10:13؛ گال. 6:7، 8
9:4 «نەپىسى» ــ «نەپىسى» ئەمەس.
9:4 يەش. 11:4

ھەم ئەشەددىي شىرنىڭ ئاۋازى بار بولسىمۇ،
شىر ئارسلانلىرىنىڭ چىشلىرى سۇندۇرۇلىدۇ؛
11 باتۇر شىر بولسا ئوۋ تاپالماي يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ،
چىشى شىرنىڭ كۈچۈكلىرى چېچىلىپ كېتىدۇ.
12 ــ مانا، ماڭا بىر سۆز غايىبانە كەلدى،
قۇلىقىمغا بىر شىۋىرلىغان ئاۋاز كىردى،
13 تۈن كېچىدىكى غايىبانە كۆرۈنۈشلەردىن چىققان ئويلاردا،
ئادەملەرنى چوڭقۇر ئۇيقۇ باسقاندا،
14 قورقۇنچ ۋە تىترەكمۇ مېنى باستى،
سۆڭەك-سۆڭەكلىرىمنى تىترىتىۋەتتى؛
15 كۆز ئالدىمدىن بىر روھ ئۆتۈپ كەتتى؛
بەدىنىمدىكى تۈكلىرىم ھۆرپىيىپ كەتتى.
16 ئۇ روھ ئورنىدا مىدىرلىماي تۇردى، بىراق تۇرقىنى كۆرەلمىدىم؛
كۆز ئالدىمدا بىر گەۋدە تۇرۇپتۇ؛
شىۋىرلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى: ــ
17 «ئىنسان بالىسى تەڭرىدىن ھەققانىي بولالامدۇ؟
ئادەم ئۆز ياراتقۇچىسىدىن پاك بولالامدۇ؟
18 مانا، ئۇ ئۆز قۇللىرىغا ئىشەنمىگەن،
ھەتتا پەرىشتىلىرىنىمۇ «نادانلىق قىلغان!» دەپ ئەيىبلىگەن يەردە،

---

10:4 **«شىرنىڭ ھۆركىرەشلىرى، ھەم ئەشەددىي شىرنىڭ ئاۋازى بار بولسىمۇ،...»** ــ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «شىرنىڭ ھۆركىرەشلىرى ھەم ئەشەددىي شىرنىڭ ئاۋازى جىم بولىدۇ...»
15:4 **«بىر روھ ئۆتۈپ كەتتى»** ــ ئاندىن بۇ روھ ئېلىفازغا گەپ قىلىدۇ. «ئايۇپ» 1-2-بابتىكى خەۋەردىن قارىغاندا، روھنىڭ گېپى يالغان بولغاچقا، بۇ روھ شەيتاندىن كەلگەن يامان بىر روھ ئىكەنلىكىگە بىزدە قىلچە گۇمان يوق. تۆۋەندىكى ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ.
16:4 **«شىۋىرلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى»** ــ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «سۈكۈت ئىچىدە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى».
17:4 **«ئىنسان بالىسى تەڭرىدىن ھەققانىي بولالامدۇ؟»** ــ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «ئىنسان بالىسى تەڭرى ئالدىدا ھەققانىي بولالامدۇ؟».
**18:4** ئايۇپ 15:15؛ 2پېت. 4:2

19 **ئۇلى توپىلاردىن بولغان ئىنسانلار،**
**لايدىن ياسالغان ئۆيلەردە تۇرغۇچىلار قانداق بولارا؟**
**ئۇلار پەرۋانىدىنمۇ ئاسانلا يانجىلىدۇ!**
20 **ئۇلار تاڭ بىلەن كەچ ئارىلىقىدا كۇكۇم-تالقان بولىدۇ؛**
**ئۇلار ھېچكىم نەزىرىگە ئالمىغان ھالدا مەڭگۈگە يوقىلىدۇ.**
21 **ئۇلارنىڭ چېدىر تانىسى يۇلۇپ تاشلانغانغۇ؟**
**ئۇلار ھېچ دانالىققا تېخى ئېرىشمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ!».**

---

19:4 «**لايدىن ياسالغان ئۆيلەردە تۇرغۇچىلار قانداق بولارا؟**» — روھ ئېيتقان بۇ سۆزلەر (17-21-ئايەتلەر) پۈتۈنلەي يالغان شىكايەت سۆزلىرىدۇر؛ چۈنكى بىز كىتابنىڭ بېشىدا خۇدانىڭ ئايۇپنى «مېنىڭ قۇلۇم ئايۇپ» دەپ ئاتاپ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى كۆرەلەيمىز. ھەممە روھلارنىڭ سۆزىنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن! شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەيمىزكى، بارلىق «روھلارنىڭ سۆزلىرى»نى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىنىمۇ مۇقەددەس يازمىلار (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)دىكى تولۇق ھەقىقەتلەرگە ئاساسەن تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش تولىمۇ زۆرۈردۇر. «**ئۇلار پەرۋانىدىنمۇ ئاسانلا يانجىلىدۇ!**» — روھنىڭ مۇشۇ سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسى: ئىنسان بالىسى خۇدانىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ھېسابلانمايدۇ، شۇڭا خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى قىلچە يەتمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر.دېمەك، ئىنسانلار خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىنى قەتئىي چۈشىنەلمەيدۇ. بىراق ئايۇپنىڭ قارىشى ئۇنداق ئەمەستۇر. ئايۇپ: — گەرچە ئادەم ۋە خۇدانىڭ ئارىسىدا ئىنسانلارنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن زور ھاڭ پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ بەرىبىر ئۆز ۋىجدانىدا ھەققانىيلىق توغرىسىدىكى بىرخىل غىل-پال كۆرۈنىدىغان چۈشەنچىسى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

20:4 «**ئۇلار ھېچكىم نەزىرىگە ئالمىغان ھالدا مەڭگۈگە يوقىلىدۇ**» — روھنىڭ بۇ سۆزى يەنىلا بىر ئالدامچىلىقتۇر؛ ئىنجىلغا ئاساسەن، خۇدا ھەتتا قۇچقاچنىڭ يەرگە يىقىلغىنىنىمۇ نەزىرىگە ئالىدۇ.

21:4 «**ئۇلار... ھېچ دانالىققا تېخى ئېرىشمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ!**» — ئېلىفاز ئادەمنىڭ ھاياتىنى چېدىرغا ئوخشىتىدۇ؛ چېدىرنىڭ تانىلىرى يۇلۇنغادا چېدىر دەرھال غۇلاپ كېتىدۇ. ئېلىفازنىڭ بۇ سۆزىگە قارىغاندا، ھاياتنىڭ بىر مەقسىتى دانالىققا ئېرىشىشتۇر. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۇ سۆزنىڭ ئاساسى بار.

## ئېلىفازنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشى

# 5

1 قېنى، ئۈلتىجا قىلىپ باق، ساڭا جاۋاب قىلغۇچى بارمىكىن؟
مۇقەددەسلەرنىڭ قايسىسىدىن پاناھ تىلەيسەن؟
2 چۈنكى ئەخمەقنىڭ ئاچچىقى ئۆزىنى ئۆلتۈرىدۇ،
قەھرى نادانىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ.
3 مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن ئەخمەقنىڭ يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرگەنمەن؛
لېكىن شۇ ھامان ئۇنىڭ ماكانىنى «لەنەتكە ئۇچرايدۇ!» دەپ بىلدىم،
4 ئۇنىڭ باللىرى ئامانلىقتىن يىراقتۇر؛
ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىدا سوت قىلىنغاندا باستۇرۇلىدۇ؛
ئۇلارغا ھېچكىم ھىمايىچى بولمايدۇ.
5 ئۇنىڭ ھوسۇلىنى ئاچلار يەپ تۈگىتىدۇ؛
ئۇلار ھەتتا تىكەن ئارىسىدا قالغانلىرىنىمۇ ئېلىپ تۈگىتىدۇ؛
قىلتاقچىمۇ ئۇنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى يۇتۇۋېلىشقا تەييار تۇرىدۇ.
6 چۈنكى ئاۋارىچىلىك ئەزەلدىن توپىدىن ئۈنۈپ چىقمايدۇ،
كۈلپەتمۇ يەردىن ئۆسۈپ چىققانمۇ ئەمەس.
7 بىراق ئۇچقۇن يۇقىرىغا ئۇچىدىغانىدەك،
ئىنسان كۈلپەت تارتىشقا تۇغۇلغاندۇر.
8 ئورنۇڭدا مەن بولسام، تەڭرىگىلا مۇراجىئەت قىلاتتىم،

---

1:5 **«مۇقەددەسلەر»** — مۇشۇ يەردە بەلكىم مۇقەددەس پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ.
2:5 **«قەھرى نادانىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ»** — ياكى «كۆرمەسلىكى نادانىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ».
—ئېلىفازنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى: ئايۇپنىڭ ئاچچىقلىنىپ، خۇداغا قاقشىشى خەتەرلىك ئىش؛ خۇدا ئۇنىڭغا جاۋاب كەلمىگەن يەردە، خۇدا ۋە ئىنسانىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغان بىر «كېلىشتۈرگۈچى»دىنمۇ ياردەم تىلەش پۈتۈنلەي بىھۇدە ئىش، دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن.
3:5 **«لېكىن شۇ ھامان ئۇنىڭ ماكانىنى «لەنەتكە ئۇچرايدۇ!» دەپ بىلدىم»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «لېكىن مەن دەرھال ئۇنىڭ ماكانىغا لەنەت ئوقۇدۇم».
7:5 **«ئىنسان كۈلپەت تارتىشقا تۇغۇلغاندۇر»** — ياكى «ئىنسان جاپا تارتىشقىمۇ تۇغۇلغاندۇر».
كىرىش سۆزىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستىنىڭ بەرگەن پىكىرلىرىدە خېلى كۆپ خاتالىق يەرلىرى بار. كېيىن خۇدا شۇ خاتا گەپلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. 42:7-9نى كۆرۈڭ.

مەن ئىشىمنى خۇدايىمغىلا تاپشۇرۇۋېتەتتىم.
9 ئۇ ھېسابسىز كارامەتلەرنى،
سان-ساناقسىز مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ.
10 ئۇ يەرگە يامغۇر تەقدىم قىلىدۇ؛
ئۇ دالا ئۈستىگە سۇ ئەۋەتىپ بېرىدۇ.
11 ئۇ پەس ئورۇندا تۇرىدىغانلارنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ؛
ماتەم تۇتقانلار ئامانلىققا كۆتۈرۈلىدۇ.
12 ئۇ ھىيلىگەرلەرنىڭ نىيەتلىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ،
نەتىجىدە ئۇلار ئىشىنى پۈتتۈرەلمەيدۇ.
13 ئۇ مەككارلارنى ئۆز ھىيلىگەرلىكىدىن تۇزاققا ئالىدۇ؛
ئەگرىلەرنىڭ نەيرەڭلىرى ئېقىتىپ كېتىلىدۇ.
14 كۈندۈزدە ئۇلار قاراڭغۇلۇققا ئۇچرايدۇ؛
چۈشتە تۈن كېچىدەك سىلاشتۇرۇپ ماڭىدۇ.
15 بىراق ئۇ مىسكىنلەرنى مەككارلارنىڭ قىلىچى ۋە ئاغزىدىن
قۇتقۇزىدۇ،
ئۇلارنى كۈچلۈكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇدرەتلىك قولى بىلەن
قۇتقۇزىدۇ.
16 شۇڭا، ئاجىزلار ئۈچۈن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ،

9:5 ئايۇپ 10:9؛ زەب. 18:72؛ رىم. 33:11

10:5 زەب. 10:104

11:5 1سام. 7:2؛ زەب. 7:113، 8

12:5 **«ئۇ ھىيلىگەرلەرنىڭ نىيەتلىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار ئىشىنى پۈتتۈرەلمەيدۇ»** ــ بۇ ئايەت ئىنجىلدا («1كور.» 19:1) روسۇل پاۋلۇس تەرىپىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن، شۇڭا شۈبھىسىزكى ئۇنى توغرا دەپ بىلىمىز.

12:5 نەھ. 9:4؛ زەب. 10:33؛ يەش. 10:8

13:5 **«ئۇ مەككارلارنى ئۆز ھىيلىگەرلىكىدىن تۇزاققا ئالىدۇ»** ــ ئېلىفازنىڭ بۇ جۈملىسىمۇ ئىنجىلدا («1كور.» 19:3) روسۇل پاۋلۇس تەرىپىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن، شۇڭا شۈبھىسىزكى ئۇنىمۇ توغرا دەپ بىلىمىز.

13:5 1كور. 19:3

14:5 قان. 29:28

قەبىھلىك ئاغزىنى يۇمىدۇ.
17 قارا، تەڭرى ئىبرەت بەرگەن ئادەم بەختلىكتۇر،
شۇڭا، ھەممىگە قادىرنىڭ تەربىيىسىگە سەل قارىما جۇمۇ!
18 چۈنكى ئۇ ئادەمنى يارىلاندۇرىدۇ، ئاندىن يارىنى تاڭىدۇ؛
ئۇ سانجىيدۇ، بىراق ئۇنىڭ قوللىرى يەنە ساقايتىدۇ.
19 ئۇ سېنى ئالتە قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزىدۇ؛
ھەتتا يەتتە كۆلپەتتە ھېچقانداق يامانلىق ساڭا تەگمەيدۇ.
20 ئاچارچىلىقتا ئۇ سېنىڭ ئۆلۈمىڭگە،
ئۇرۇشتا ئۇ ساڭا ئۇرۇلغان قىلىچ زەربىسىگە نىجاتكار بولىدۇ.
21 سەن زەھەرلىك تىللارنىڭ زەربىسىدىمۇ باشپاناھلىق ئىچىگە يوشۇرۇنىسەن،
ۋەيرانچىلىق كەلگەندە ئۇنىڭدىن ھېچ قورقمايدىغان بولىسەن.
22 ۋەيرانچىلىق ۋە قەھەتچىلىك ئالدىدا كۈلۈپلا قويىسەن؛
يەر يۈزىدىكى ھايۋانلاردىنمۇ ھېچ قورقمايسەن.
23 سەن دالادىكى تاشلار بىلەن ئەھدىداش بولىسەن؛
ياۋايى ھايۋانلارمۇ سەن بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ.
24 سەن چېدىرىڭنىڭ تىنچ-ئامانلىقتا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىسەن؛
مال-مۈلكۈڭنى ئېدىتلىسەڭ، ھەممە نىمەڭنىڭ تەل ئىكەنلىكىنى بايقايسەن.
25 نەسلىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى،

---

**16:5** زەب. 42:107
**17:5** پەند. 11:3، 12؛ ئىبر. 5:12؛ ياق. 12:1؛ ۋەھ. 19:3
**18:5** قان. 39:32؛ 1سام. 6:2؛ ھوش. 1:6
**19:5** «... ئالتە قىيىنچىلىق... يەتتە كۆلپەتتە ...» ــ بۇ «ئالتە... يەتتە...» دېگەن ئىبارە «ھەرخىل...، ھەرقانداق...» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.
**19:5** زەب. 91
**23:5** ھوش. 20:2

پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئوت-چۆپتەك كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.
26 سەن ئۆز ۋاقتىدىلا يېتىلىپ يىغىلغان بىر باغ بۇغدايدەك،
پەقەت ۋاقىت-سائىتىڭ پىشىپ يېتىلگەندىلا يەرلىكىڭگە كىرىسەن.
27 بىز ئۆزىمىز بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنمىز ــ ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداقتۇر.
شۇڭا ئۆزۈڭ ئاڭلاپ بىل، بۇلارنى ئۆزۈڭگە تەتبىقلاپ ئويلاپ باق».

## ئايۇپ يەنە سۆزلەيدۇ ـ «مېنىڭ دادلىشىم ھەق»

6 1 ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
2 «ئاھ، مېنىڭ دەردلىك زارلىرىم تارازىدا ئۆلچەنسە!
ئاھ، بېشىمغا چۈشكەن بارلىق بالايىقازا بۇلار بىلەن بىللە تارازىلانسا!
3 شۇنداق قىلىنسا ئۇ ھازىر دېڭىزدىكى قۇمدىن ئېغىر بولۇپ چىقىدۇ؛
شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلىرىم تەلۋىلەرچە بولۇۋاتىدۇ.
4 چۈنكى ھەممىگە قادىرنىڭ ئوقلىرى ماڭا سانجىلىپ ئىچىمدە تۇرۇۋاتىدۇ،
ئۇلارنىڭ زەھىرىنى روھىم ئىچمەكتە،
تەڭرىنىڭ ۋەھىمىلىرى ماڭا قارشى سەپ تۈزۈپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.
5 ياۋا ئېشەك ئوت-چۆپ تاپقاندا ھاڭرامدۇ؟
كالا بولسا يەم-خەشەك ئۈستىدە مۆرەمدۇ؟

---

25:5 **«نەسلىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى، پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئوت-چۆپتەك كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىسەن»** ــ ئېلىفاز ئايۇپنىڭ ئون بالىسىدىن ھەم بارلىق مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى.
2:6 **«... ئاھ، بېشىمغا چۈشكەن بارلىق بالايىقازا بۇلار ، يەنى دەردلىك زارلىرىم بىلەن بىللە تارازىلانسا!»** ــ ئايۇپنىڭ بۇ سۆزى: «دەردلىك زارلىرىم» ۋە بېشىمغا چۈشكەن بالا-قازالار تارازىدا سېلىشتۇرۇلسا، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ زارلىرىمنىڭ ئاز ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ، دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.
**3:6** پەند. 3:27
4:6 **«ئۇلارنىڭ زەھىرىنى روھىم ئىچمەكتە»** ــ ياكى، «ئۇلارنىڭ زەھىرى روھىمنى يەپ كېتىدۇ»
**4:6** زەب. 38:1-3

6 تۈز بولمىسا تەمسىز نەرسىنى يېگىلى بولامدۇ؟
خام تۇخۇمنىڭ ئېقىنىڭ تەمى بارمۇ؟
7 جېنىم ئۇلارغا تەگسىمۇ سەسكىنىپ كېتىدۇ،
ئۇلار ماڭا يىرگىنچلىك تاماق بولۇپ تۇيۇلىدۇ.
8 ئاھ، مېنىڭ تەشنا بولغىنىم كەلسىدى!
تەڭرى ئىنتىزارىمنى ئىجابەت قىلسىدى!
9 ئاھ، تەڭرى مېنى يانجىپ تاشلىسۇن!
ئۇ قولىنى قويۇۋېتىپ جېنىمنى ئۈزۈپ تاشلاشقا مۇۋاپىق كۆرسىدى!
10 شۇنداق بولسا، ماڭا تەسەللى بولاتتى،
ھەتتا رەھىمسىز ئاغرىقلاردا قىينالساممۇ، شادلىناتتىم؛
چۈنكى مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ سۆزلىرىدىن تانمىغان بولاتتىم!
11 مەندە ئۈلۈمنى كۈتكۈدەك يەنە قانچىلىك ماغدۇر قالدى؟
مېنىڭ سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ ھاياتىمنى ئۇزارتىشىمنىڭ نېمە نەتىجىسى بولار؟
12 مېنىڭ كۈچۈم تاشتەك چىڭمۇ؟
مېنىڭ ئەتلىرىم مىستىن ياسالغانمىدى؟
13 ئۆزۈمگە ياردەم بەرگۈدەك ماغدۇرۇم قالمىدى ئەمەسمۇ؟
ھەرقانداق ئەقىل-تەدبىر مەندىن قوغلىۋېتىلگەن ئەمەسمۇ؟

## بۇرادەرلىرىنىڭ ئايۇپنى داغدا قويۇشى

14 ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتقان كىشىگە دوستى مېھرىبانلىق كۆرسەتمىكى زۆرۈردۇر؛

10:6 **«ھەتتا ... شادلىناتتىم؛ چۈنكى مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ سۆزلىرىدىن تانمىغان بولاتتىم!»** — ئايۇپنىڭ بۇنداق ئويلىشى: «ئەگەر ھازىر خۇدا مېنىڭ جېنىمنى ئالسا، مەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمىگەن مانا مۇشۇ چاغدىلا ئالسا بوپتىكەن؛ بىراق بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەر داۋاملاشتۇرۇلسا، مەندە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولار، مەن خۇدادىن تانمەنمۇ قانداق؟ شۇڭا ياخشىسى ئۇ ھازىر مېنى ئەپكەتسە، قاتتىق بىر زەربە بىلەن ئەپكەتسە مەيلى» دېگەندەك مەنىنى بېرىدۇ.

بولمىسا ئۇ ھەممىگە قادىردىن قورقۇشتىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن.
15 بىراق بۇرادەرلىرىم ۋاقتىلىق «ئالدامچى ئېرىق» سۈيىدەك،
ماڭا ھېلىگەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماقتا؛
ئۇلار سۈلىرى ئېقىپ تۈگىگەن ئېرىققا ئوخشايدۇ.
16 ئېرىگەن مۇز سۈلىرى ئېرىققا كىرگەندە ئۇلار قارىداپ كېتىدۇ،
قارلار ئۇلارنىڭ ئىچىدە يوقىلىپ كېتىدۇ،
17 ئۇلار پەسىلنىڭ ئىللىشى بىلەن قۇرۇپ كېتىدۇ؛
ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە، ئىزىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ.
18 سەپەرداشلار ماڭغان يولىدىن چىقىپ، ئېرىققا بۇرۇلىدۇ؛
ئۇلار ئېرىقنى بويلاپ مېڭىپ، چۆلدە ئېزىپ ئۆلىدۇ.
19 تېمالىق كارۋانلارمۇ ئېرىق ئىزدەپ ماڭدى؛
شېبالىق سودىگەرلەرمۇ ئۇلارغا ئۈمىد بىلەن قارىدى؛
20 بىراق ئۇلار ئىشەنگىنىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ نومۇستا قالدى؛
ئۇلار ئاشۇ يەرگە كېلىشى بىلەن پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى.
21 مانا سىلەر ئۇلارغا ئوخشاش ماڭا تايىنى يوق بولۇپ قالدىڭلار؛
سىلەر قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمىنى كۆرۈپلا قورقۇپ كېتىۋاتىسىلەر.
22 مەن سىلەرگە: «ماڭا بېرىڭلار»،
ياكى: «ماڭا مال-مۈلۈكلىرىڭلاردىن ھەدىيە قىلىڭلار؟» ــ دېگەنىنى

---

14:6 **«ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتقان كىشىگە دوستى مېھرىبانلىق كۆرسەتمىكى زۆرۈردۇر؛ بولمىسا ...»** ــ ئايەتنىڭ باشقا بىرنەچچە تەرجىمىلىرى بار. بۇلارنىڭ بىرى: «ھەتتا ئۇ ھەممىگە قادىردىن قورقۇشتىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتقان كىشىگە دوستى مېھرىبانلىق كۆرسەتمىكى زۆرۈردۇر».

15:6 **«ئالدامچى ئېرىق»** ــ چۆل باياۋاندا تۇيۇقسىز ئېقىشتىن توختايدىغان ئېرىق. يولۇچىلارنىڭ مۇشۇنداق ئېرىققا ئىشىنىشى ئىنتايىن خەتەرلىك، ئەلۋەتتە. 20-21-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

17:6 **«ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە، ئىزىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ»** ــ دېمەك، ئەڭ كېرەك بولغان ۋاقىتتا بۇ ئېرىقلار غايىب بولىدۇ.

19:6 **«شېبالىق سودىگەرلەرمۇ ئۇلارغا ئۈمىد بىلەن قارىدى»** ــ ياكى «شېبالىق سودىگەرلەرمۇ ئۇلارغا ئۇچراشنى ئۈمىد قىلاتتى».

**قاچان دەپ باققان؟**
**23 ياكى: «مېنى ئېزىتقۇچىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇڭلار!»**
**ياكى «زوراۋانلارنىڭ قولىدىن گۆرۈگە پۇل بەرسەڭلار!» دەپ باققانمۇ؟**
**24 ماڭا ئۆگىتىپ قويۇڭلار، سۈكۈت قىلىمەن؛**
**نەدە يولدىن چىققانلىقىمنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلار.**
**25 توغرا سۆزلەر نېمىدېگەن ئۆتكۈر-ھە!**
**بىراق ئەيىبلىرىڭلار زادى نېمىنى ئىسپاتلىيالايدۇ؟!**
**26 ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىنىڭ گەپلىرى ئۆتۈپ كېتىدىغان شامالدەك تۇرسا،**
**پەقەت سۆزلەرنىلا ئەيىبلىمەكچىمۇسىلەر؟**
**27 سىلەر يېتىم-يېسىرلارنىڭ ئۈستىدە چەك تاشلىشىسىلەر!**
**دوست-بۇرادىرىڭلار ئۈستىدە سودىلىشىسىلەر!**
**28 ئەمدى ماڭا يۈز تۇرانە قاراپ بېقىڭلار؛**
**ئالدىڭلاردىلا يالغان سۆز قىلالامدىمەن؟**
**29 ئۆتۈنىمەن، بولدى قىلىڭلار، گۇناھ بولمىسۇن؛**

---

22:6 **«ماڭا مال-مۈلۈكلىرىڭلاردىن ھەدىيە قىلىڭلار؟» — دېگەننى قاچان دەپ باققان؟»** — ئايۇپ ئۇ دوستلىرىغا ھېچقاچان قەرزدار بولۇپ باقمىغان. ئۇ: «سىلەردىن پۇل ياكى مال-مۈلۈك كۈتكىنىم يوق، سىلەردىن كۈتكىنىم پەقەت ئازراق ھېسداشلىق ياكى مېھرىبانلىق، خالاس» دېمەكچى.
25:6 **«ئەيىبلىرىڭلار زادى نېمىنى ئىسپاتلىيالايدۇ؟!»** — شۇ ۋاقىتقىچە ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستى ئارىسىدىن پەقەت ئېلىفاز سۆز قىلغان. ئايۇپ «ئەيىبلىرىڭلار» (كۆپلۈك شەكلى) دېگەن سۆزى بىلەن ئۇلارغا: «سىلەر يېنىمغا كېلىشتىن ئاۋۋال ئەھۋالىم توغرۇلۇق **تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ئوخشايسىلەر**» دەپ پۇرىتىۋاتىدۇ.
26:6 **«ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىنىڭ گەپلىرى ئۆتۈپ كېتىدىغان شامالدەك تۇرسا،...»** — ئايۇپ بۇ گەپلىرى بىلەن ئۆزۈمنىڭ بەزى سۆزلىرىمنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىمەن، دەپ ئېتىراپ قىلغان بولسا كېرەك. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سىلەر پەقەت سۆزلەرنىلا ئەيىبلىمەكچىمۇسىلەر، ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىنىڭ گەپلىرى ناھايىتى ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر شامالدەكلا دەپ قارىماقچىمۇسىلەر؟».
27:6 **«دوست-بۇرادىرىڭلار ئۈستىدە سودىلىشىسىلەر!»** — باشقا بىرخىل مەنىسى: «سىلەر دوست-بۇرادەرلەر ئۈچۈن ئورا كولىشىسىلەر».

راست، قايتىدىن ئويلاپ بېقىڭلار،
چۈنكى ئۆزۈمنىڭ توغرىلىقىم تارازىدا تۇرىدۇ.
30 تىلىمدا خاتالىق بارمۇ؟
تىلىم يامانلىقنى زادى تېتىيالماسمۇ؟

## ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئازابلىرى

7 1 ئىنسانغا زېمىندا جەۋرە-جاپا چېكىدىغان تۇرمۇش بېكىتىلگەن ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭ كۈنلىرى بىر مەدىكارنىڭكىگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟
2 قۇل كەچقۇرۇننىڭ سايىسىگە تەشنا بولغاندەك،
مەدىكار ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققىنى كۈتكەندەك،
3 مانا بىھۇدە ئايلار ماڭا بېكىتىلگەن،
غەشلىككە تولغان كېچىلەر ماڭا نېسىپ قىلىنغان.
4 مەن ياتقىنىمدا: «قاچان قوپارمەن؟» دەپ ئويلايمەن،
بىراق كەچ ئۇزۇندىن ئۇزۇن بولىدۇ،
تاڭ ئاتقۇچە پۈتۈن بىر كېچە مەن تولغىنىپ ياتىمەن.
5 ئەتلىرىم قۇرتلار ھەم توپا-چاڭلار بىلەن قاپلاندى،
تېرىلىرىم يېرىلىپ، يىرىڭلاپ كەتتى.
6 كۈنلىرىم باپكارنىڭ موكىسىدىنمۇ ئىتتىك ئۆتىدۇ،
ئۇلار ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئاياغلىشاي دەپ قالدى.

29:6 «چۈنكى ئۆزۈمنىڭ توغرىلىقىم تارازىدا تۇرىدۇ» ــ ياكى: «چۈنكى بۇ ئىشتا ھەق مەن تەرەپتىدۇر».
3:7 «مانا بىھۇدە ئايلار ماڭا بېكىتىلگەن،...» ــ بۇ جۈملە ئايۇپنىڭ ئازابى ئاشۇ كۆڭگىچە بەلكىم بىرنەچچە ئاي ئۇزارتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئايۇپنىڭ قېشىغا كەلگۈچە قىلغان سەپىرى ئۇزۇن بولغان بولسا كېرەك.
5:7 «قۇرتلار ھەم توپا-چاڭلار بىلەن...» ــ ياكى «قۇرتلار ھەم قاقاچ-چاقالار بىلەن...».
6:7 « كۈنلىرىم باپكارنىڭ موكىسىدىنمۇ ئىتتىك ئۆتىدۇ» ــ باپكارنىڭ موكىسى ئىنتايىن تېز، توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ. «ئۇلار ئۈمىدسىزلىك بىلەن...» ــ ئىبرانىي تىلىدا

7 ئاھ خۇدا، مېنىڭ جېنىم بىر نەپەسلا خالاس.
كۆزۈم ياخشىلىقنى قايتىدىن كۆرمەيدىغانلىقى ئېنىقتۇر؛
8 مېنى كۆرگۈچىنىڭ كۆزى ئىككىنچى قېتىم ماڭا قارىمايدۇ،
سەن نەزىرىڭنى ئۈستۈمگە چۈشۈرگىنىڭدە، مەن يوقالغان بولىمەن.
9 بۇلۇت غايىب بولۇپ، قايتا كۆرۈنمىگەندەك،
ئۇخشاشلا تەھتىساراغا چۈشكەن ئادەم قايتىدىن چىقمايدۇ.
10 ئۇ يەنە ئۆز ئۆيىگە قايتمايدۇ،
ئۆز يۇرتى ئۇنى قايتا تونۇمايدۇ.
11 شۇڭا مەن ئاغزىمنى يۇممايمەن،
روھىمنىڭ دەرد-ئەلىمى بىلەن سۆز قىلاي،
جېنىمنىڭ ئازابىدىن زارلايمەن.
12 نېمىشقا سەن ئۈستۈمدىن كۆزەت قىلىسەن؟
مەن خەتەرلىك بىر دېڭىزمۇ-يا؟
ياكى دېڭىزدىكى بىر ئەجدىھامۇمەن؟
13 مەن: «ئاھ، ياتقان ئورنۇم ماڭا راھەت بېرىدۇ،
كۆرپەم نالە-پەريادىمغا دەرمان بولىدۇ» ــ دېسەم،
14 ئەمدى سەن چۈشلەر بىلەن مېنى قورقۇتۇۋاتىسەن،

---

«ئۈمىدسىزلىك» ۋە «يىپ» ئاھاڭداش سۆز. ئايۇپ مۇشۇ ئايەتتە ئۆز ھاياتىنى توقۇلىدىغان گىلەمگە ئوخشىتىپ، «يىپ توختاپ قالغۇدەك» دېمەكچى.

**7:7** ئايۇپ 9:8؛ 9:10؛ 1:14، 2، 3؛ 22:16؛ زەب. 5:90، 6، 9؛ 11:102؛ 15:103؛ 4:144؛ يەش. 6:40؛ ياق. 14:4؛ 1پېت. 24:1

8:7 **«سەن نەزىرىڭنى ئۈستۈمگە چۈشۈرگىنىڭدە، مەن يوقالغان بولىمەن»** ــ بۇ 7-8-ئايەتتە، 21-ئايەتكە ئوخشاش، ئايۇپ «ئى خۇدا، سەن بالدۇر ماڭا رەھىم قىلمىساڭ، كېچىكىپ قالىسەن!» دېگەندەك قىلاتتى.

9:7 **«تەھتىسارا»** ــ مۇشۇ يەردە «تەھتىسارا» (ئىبرانىي تىلىدا «شېئول») دېگەن يەر، «يەر ئاستىدىكى ساراي» (يەنى، «تەكت ساراي»)، ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارغان جاينى كۆرسىتىدۇ. ئېنىق تۇرۇپتىكى، ئايۇپنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا گۆردىن تىرىلدۈرۈلۈش توغرىسىدا خەۋىرى كۆپ ئەمەس ئىدى.

12:7 **«نېمىشقا سەن ئۈستۈمدىن كۆزەت قىلىسەن؟»** ــ ئايۇپ: «مەن ئالەمنىڭ ئامانلىقىغا بىرخىل خەۋپ يەتكۈزەمدىم-يا؟» دەپ خۇدادىن سورىماقچى ئوخشايدۇ.

**غايىبانە ئالامەتلەر بىلەن ماڭا ۋەھىمە سالىسەن.**
**15 شۇنىڭ ئۈچۈن بوغۇلۇشۇمنى، ئۆلۈمنى،**
**بۇ سۆڭەكلىرىمگە قاراپ ئۆلتۈرۈشتىن ئارتۇق بىلىمەن.**
**16 مەن ئۆز جېنىمدىن تويدۇم؛**
**مېنىڭ مەڭگۈگە ياشىغۇم يوق،**
**مېنى مەيلىمگە قويۇۋەتكىن،**
**مېنىڭ كۈنلىرىم بىھۇدىدۇر.**
**17 ئىنسان بالىسى نېمىدى؟**
**سەن نېمىشقا ئۇنى چوڭ بىلىسەن،**
**نېمە دەپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىسەن؟**
**18 ھەر ئەتىگەندە ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىسەن،**
**ھەر نەپەس ئۇنى سىنايسەن!**
**19 قاچانغىچە مېنىڭدىن نەزىرىڭنى ئالمايسەن،**
**ماڭا قاچانغىچە ئاغزىمدىكى سېرىق سۇنى يۇتۇۋالغۇدەك ئارام بەرمەيسەن؟**
**20 مەن گۇناھ قىلغان بولساممۇ،**
**ئى ئىنسانىيەتنى كۆزەتكۈچى، ساڭا نېمە قىلىپتىمەن؟!**
**مەن ساڭا يۈك بولۇپ قالدىممۇ؟**
**بۇنىڭ بىلەن مېنى ئۆزۈڭگە زەربە نىشانى قىلغانسەنمۇ؟**
**21 سەن نېمىشقا مېنىڭ ئىتائەتسىزلىكىمنى كەچۈرۈم قىلىپ،**
**گۇناھىمنى ساقىت قىلمايسەن؟**

---

15:7 **«... بوغۇلۇشۇمنى، ئۆلۈمنى، بۇ سۆڭەكلىرىمگە قاراپ ئۆلتۈرۈشتىن ئارتۇق بىلىمەن»** — ئايۇپنىڭ كېسىلى، بەلكىم، بوغنۇقۇش كېسىلى (دەم سىقىلىش كېسىلى) بولۇشى مۇمكىن.
—بۇ ئايەت يەنە مۇنداقمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ، يەنى: «گېلىمنى سىققۇچى بولسا بوينۇمنى، ئۆلۈم بولسا سۆڭەكلىرىمنى تاللىدى».
16:7 **«مېنىڭ كۈنلىرىم بىھۇدىدۇر»** — ياكى «مېنىڭ كۈنلىرىم بىر نەپەس، خالاس!».
**16:7** زەب. 9:62؛ 4:144
**17:7** زەب. 4:8؛ 3:144؛ ئىبر. 6:2

چۈنكى مەن پات ئارىدا تۇپىنىڭ ئىچىدە ئۇخلايمەن؛
سەن مېنى ئىزدەپ كېلىسەن، لېكىن مەن مەۋجۇت بولمايمەن».

## شۇخالىق بىلداد سۆزلەيدۇ ـ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەر توغرۇلۇق گۇۋاھلىق

8 [1] ئاندىن شۇخالىق بىلداد جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
[2] «سەن قاچانغىچە مۇشۇلارنى سۆزلەيسەن؟
ئاغزىڭدىكى سۆزلەر كۈچلۈك شامالدەك قاچانغىچە چىقىدۇ؟
[3] تەڭرى ئادالەتنى بۇرمىلىغۇچىمۇ؟
ھەممىگە قادىر ئادىللىقنى بۇرمىلامدۇ؟
[4] سېنىڭ باللىرىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلغان بولسا،
ئۇ ئۇلارنىمۇ ئىتائەتسىزلىكىنىڭ جازاسىغا تاپشۇرغان، خالاس.
[5] بىراق ئەگەر ئۆزۈڭ ھازىر چىن كۆڭلۈڭدىن تەڭرىنى ئىزدىسەڭلا،
ھەممىگە قادىرغا ئىلتىجا قىلساڭلا،
[6] ئەگەر سەن ساپ دىل ھەم دۇرۇس بولغان بولساڭ،
شۈبھىسىزكى، ئۇ سەن ئۈچۈن ئويغىنىدۇ،

---

21:7 «...سەن مېنى ئىزدەپ كېلىسەن، لېكىن مەن مەۋجۇت بولمايمەن» ــ 7-باب، 7-8-ئايەت ئۈچۈن ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. مۇشۇ يەردە، ئايۇپنىڭ ئىچىدىكى ئىپتىقاد ھەم گۇماننىڭ بىر-بىرىگە بولغان كۆرشى كۆرۈنىدۇ. ئايۇپ بىر تەرەپتىن خۇدانى دۈشمىنىمدەك ئىش قىلدى، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ كەلگۈسىدە ئۆز دوستىنى ئىزدىگەندەك مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، بىراق تاپالمايدۇ، دەيدۇ.
3:8 قان. 32:4؛ 2تار. 19:7؛ دان. 9:14
4:8 «سېنىڭ باللىرىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلغان بولسا، ئۇ ئۇلارنىمۇ ئىتائەتسىزلىكىنىڭ جازاسىغا تاپشۇرغان، خالاس» ــ بىلدادنىڭ بۇ بايانى رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان سۆزلەردۇر؛ بۇ سۆزلەر ئايۇپنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىپ ئۇنى تېخىمۇ ئازابقا سالىدۇ. چۈنكى ئايۇپنىڭ ھەسرىتى دەل مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن بولۇۋاتاتتى؛ بىراق بىلدادنىڭ ئايۇپنىڭ باللىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن بىرەر گۇناھى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىسپاتى يوقتۇر. بىز بولساق، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆز گۇناھى سەۋەبىدىن ئۆلمىگەنلىكىنى بىلىمىز.
5:8 ئايۇپ 23:22

چوقۇم سېنىڭ ھەققانىيلىقىڭغا تولغان تۇرالغۇڭنى گۈللەندۈرىدۇ.
7 سەن دەسلەپتە ئېتىبارسىز قارالغان بولساڭمۇ،
بىراق سەن ئاخىرىدا چوقۇم تېخىمۇ گۈللىنىسەن.
8 شۇڭا سەندىن ئۆتۈنەيكى، ئۆتكەنكى دەۋرلەردىن سوراپ باققىن،
ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىزدىنىشلىرىگىمۇ كۆڭۈل قويغىن
9 (چۈنكى بىز بولساق تۈنۈگۈنلا تۇغۇلغانمىز؛
كۈنلىرىمىز پەقەت بىر سايە بولغاچقا، ھېچنېمىنى بىلمەيمىز).
10 ساڭا كۆرسەتمە بېرىپ ئۆگەتەلەيدىغان ئۇلار ئەمەسمۇ؟
ئۇلار ئۆز كۆڭلىدىكىنى ساڭا سۆزلىمەمدۇ؟
11 لاتقا بولمىسا يېكەنلەر ئېگىز ئۆسەلەمدۇ؟
قومۇشلۇقتىكى ئوت-چۆپلەر سۇسىز ئۆسەلەمدۇ؟
12 ئۇلار يېشىل پېتى بولۇپ، تېخىچە ئورۇلمىغان بولسىمۇ،
ھەرقانداق ئوت-چۆپتىن تېز تورزۇپ كېتىدۇ.
13 تەڭرىنى ئۇنتۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقىۋەتلىرى مانا شۇنداقتۇر؛
ئىپلاسلارنىڭ ئۈمىدى مانا شۇنداق يوققا كېتەر.
14 چۈنكى ئۇنىڭ تايانغىنى چۈرۈك بىر نەرسە، خالاس؛
ئۇنىڭ ئىشەنگىنى بولسا ئۆمۈچۈكنىڭ توردۇر، خالاس.
15 ئۇ ئۆز ئۆۋىسىغا يۆلىنىدۇ، بىراق ئۇ مەزمۇت تۇرمايدۇ؛
ئۇ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.
16 ئۇ قۇياش ئاستىدا كۆكلىگەن بولسىمۇ،

---

**8:8** قان. 32:4

**9:8** **«كۈنلىرىمىز پەقەت بىر سايە...»** — بىلدادنىڭ بۇ دېگىنى، ئۇنىڭ ئۇ دەۋرىدىكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ (ئۆزىنىڭ زامانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا) ئىنتايىن ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. (تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» قىسمىغا ئاساسەن، ئادەمئاتىمىزدىن باشلاپ نۇھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىگىچە نۇرغۇن ئادەملەر بىرنەچچە يۈز يىل ياشىغاندى).

**9:8** يار. 9:47؛ 1تار. 15:29؛ ئايۇپ 5:7، 6، 7؛ زەب. 5:39، 13؛ 11:102؛ 4:144

**12:8** زەب. 5:129-6؛ يەر. 6:17

**13:8** ئايۇپ 20:11؛ 14:18؛ زەب. 10:112؛ پەند. 28:10

ئۇنىڭ پىلەكلىرى ئۆز بېغىنى قاپلىغان بولسىمۇ،
17 ئۇنىڭ يىلتىزلىرى تاش دۆۋىسىگە چىرمىشىپ كەتكەن بولسىمۇ،
ئۇ تاشلار ئارىسىدا ئورۇن ئىزدىگەن بولسىمۇ،
18 لېكىن خۇدا ئۇنى ئورنىدىن يۇلۇۋەتسە،
ئاشۇ يەر ئۇنىڭدىن تېنىپ: «مەن سېنى كۆرمىگەن!» ــ دەيدۇ.
19 مانا ئۇنىڭ يولىنىڭ شادلىقى!
ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنىغا باشقىلىرى تۇپراقتىن ئۈنىدۇ.
20 قارا، خۇدا دۇرۇس ئادەمنى تاشلىمايدۇ،
ياكى يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇلارنى يۆلىمەيدۇ.
21 ئۇ يەنە سېنىڭ ئاغزىڭنى كۈلكە بىلەن،
لەۋلىرىڭنى شادلىق ئاۋازلىرى بىلەن تولدۇرىدۇ،
22 ساڭا نەپرەتلەنگەنلەرگە شەرمەندىلىك چاپلىنىدۇ،
ئەسكىلەرنىڭ چېدىرى يوقىتىلىدۇ».

## ئايۇپ بەرگەن جاۋابى ــ «ئىنسان بالىسى قانداق قىلىپ خۇدا ئالدىدا ئادىل بولالايدۇ؟»

9
1 ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
2 ۋاي، سېنىڭلا توغرا، دۇنيانى ھەقىقەتەن سەن دېگەندەك دەپ بىلىمەن!

---

18:8 «...لېكىن خۇدا ئۇنى ئورنىدىن يۇلۇۋەتسە، ئاشۇ يەر ئۇنىڭدىن تېنىپ: «مەن سېنى كۆرمىگەن!» ــ دەيدۇ» ــ مۇشۇ يەرلەردە بىلداد ئايۇپ ئۇچرىغان بالايىئاپەتنى شۇ بىرنەچچە ئىشقا ئوخشاتقان بولۇشى مۇمكىن: ــ ئاۋۋال 15-ئايەتتە، ئۇ «يامانلارنىڭ ئۆيىنىڭ غۇلاپ كېتىشى» توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ؛ ئىككىنچى، 16-ئايەتتىكى «پىلەكلەر» دېگەن سۆز، ئىبرانيي تىلدا «پەرزەنتلەر»نىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، مۇشۇ ئايەتتە بەلكىم «ئاشۇ يەر» دېگەن سۆز ئايۇپنىڭ يۇرتداشلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇلار ئۇنى چەتكە قېقىپ: «سەندەك خۇدا لەنەت قىلغان ئادەمنى تونۇمايمىز» دېگەن مەنىلەردىمۇ ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

20:8 «يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇلارنى يۆلىمەيدۇ» ــ ياكى «يامانلىق قىلغۇچىلارنى قولىغا كۈچ بەرمەيدۇ».

بىراق ئىنسان بالىسى قانداق قىلىپ تەڭرى ئالدىدا ھەققانىي بولالىسۇن؟

3 ھەتتا ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىششىقا پېتىنالىسا،
شۇ كىشى مەسىلىلەرنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ.
4 ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر دانالىق باردۇر،
ئۇ زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىدۇر؛
كىممۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، يۈرىكىنى توم قىلىپ،
كېيىن تىنچ-ئامان قالغان؟
5 ئۇ تاغلارنى غەزىپىدە ئۆرۈۋەتكىنىدە،
ئۇلارغا ھېچ بىلدۈرمەيلا ئۇلارنى يۆتكەپ تاشلايدۇ.
6 ئۇ يەر-زېمىننى تەۋرىتىپ ئۆز ئورنىدىن قوزغىتىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرى تىترەپ كېتىدۇ.
7 ئۇ قۇياشقا كۆتۈرۈلمە دەپ سۆز قىلسىلا، ئۇ قوپمايدۇ؛
ئۇ خالىسا يۇلتۇزلارنىڭمۇ نۇرىنى پېچەتلەپ قويالايدۇ.
8 ئاسمانلارنى كەڭ يايغۇچى پەقەت ئۇدۇر،
ئۇ دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىگە دەسسەپ يۈرىدۇ.
9 ئۇ يەتتە قاراقچى يۇلتۇز، ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە قەلب يۇلتۇز تۈپىنى،
جەنۇبىي يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىمۇ ياراتقان.
10 ئۇ ھېسابلىغۇسىز ئۇلۇغ ئىشلارنى،

---

**2:9** ئايۇپ 4:14؛ 4:25؛ زەب. 2:143

**3:9** «**ھەتتا ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىششىقا پېتىنالىسا، شۇ كىشى مەسىلىلەرنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ**» ــ بۇنىڭ يەنە باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن: (1) «ئەگەر خۇدا بىرسى بىلەن دەۋالىششىنى لايىق كۆرسە، ئۇ كىشى مىڭدىن بىر مەسىلىگىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ»؛ (2) «ئەگەر خۇدا بىرسى بىلەن دەۋالىششىنى لايىق كۆرسە، خۇدا ئۇ كىشىنىڭ مىڭدىن بىر مەسىلىسىگىمۇ جاۋاب بەرمەيدۇ».

**8:9** يار. 6:1

**9:9** «**جەنۇبىي يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىمۇ ياراتقان**» ــ ياكى: «جەنۇبىي ئاسماندىكى خەزىنىلەرنى ياراتقان».

سـاناپ تـۈگـىتـەلـمـەيـدىـغـان كـارامـەت ئـىـشـلارنـى قـىـلـىـدۇ.
11 قـارا، ئـۇ يـېـنـىـمـدىـن ئـۆتـىـدۇ، بـىـراق مـەن ئـۇنـى كـۆرمـەيـمـەن؛
ئـۇ ئـۆتـۈپ كـېـتـىـدۇ، بـىـراق ئـۇنـى بـايـقـىـيـالـمـايـمـەن.
12 مـانـا، ئـۇ ئـېـلـىـپ كـېـتـىـدۇ، كـىـم ئـۇنـى ئـۆز يـولـىـدىـن يـانـدۇرالـىـسـۇن؟
كـىـم ئـۇنـىـڭـدىـن: «نـېـمـە قـىـلـىـۋاتـىـسـەن» دەپ سـوراشـقـا پـېـتـىـنـالـىـسـۇن؟
13 تـەڭـرى غـەزىـپـىـنـى قـايـتـۇرۇۋالـمـايـدۇ؛
راھـابـنـىـڭ يـاردەمـچـىـلـىـرى ئـۇنـىـڭ ئـايـىـغـىـغـا بـاش ئـېـگـىـدۇ.
14 شـۇنـداق تـۇرۇقـلـۇق، مـەن قـانـداقـمـۇ ئـۇنـىـڭـغـا جـاۋاب بـېـرەلـەيـتـتـىـم.
مـەن مـۇنـازىـرە قـىـلـغـۇدەك قـانـداق سـۆزلـەرنـى تـالـلـىـيـالايـتـتـىـم؟
15 مـۇبـادا مـەن ھـەقـقـانـىي بـولـسـامـمۇ،
مـەن يـەنـىـلا ئـۇنـىـڭـغـا جـاۋاب بـېـرەلـمـەيـتـتـىـم؛
مـەن پـەقـەت سـوتـچـىـمـغـا ئـىـلـتـىـجـالا قـىـلالايـتـتـىـم.
16 مـەن ئـۇنـىـڭـغـا ئـىـلـتـىـجـا قـىـلـغـان ۋە ئـۇ مـاڭـا جـاۋاب بـەرگـەن بـولـسـىـمـۇ،
مـەن تـېـخـى ئـۇنـىـڭ سـادايـىـمـنـى ئـاڭـلـىـغـانـلـىـقـىـغـا ئـىـشـەنـچ قـىـلالـمـىـغـان
بـولاتـتـىـم؛
17 ئـۇ بـوران-چـاپـقـۇنـلار بـىـلـەن مـېـنـى ئـېـزىـدۇ،
ئـۇ يـارىـلـىـرىـمـنـى سـەۋەبـسـىـز ئـاۋۇتـمـاقـتـا.
18 ئـۇ مـاڭـا ھـەتـتـا نـەپـەس ئـېـلـىـشـقـىـمـۇ رۇخـسـەت بـەرمـەيـدۇ،

---

**10:9** ئايۇپ 9:5؛ زەب. 18:72؛ 14:77؛ 10:86؛ رىم. 33:11

11:9 **«ئۇ يېنىمدىن ئۆتىدۇ»** ــ ياكى: «ئۇ يېنىمدىن ئۆتسە». **«ئۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ»** ــ ياكى: «ئۇ ئۆتۈپ كەتسە».

12:9 **«ئۇ ئېلىپ كېتىدۇ»** ــ ياكى: «ئۇ ئېلىپ كەتسە» ياكى «ئۇ بۇلاپ كەتسە».

13:9 **«راھاب»** ــ «راھاب»نىڭ مۇنداق ئۈچ خىل مەنە مۇمكىنچىلىكى بار: ــ (1) ھاكاۋۇرلۇق؛ (2) مىسىر ئىمپېرىيەسىنىڭ يەنە بىر ئىسمى (قەدىمكى دۇنيادا ھاكاۋۇرلۇقتا داڭقى چىققان)؛ (3) ئەڭ چوڭ مۇمكىنچىلىكى بار مەنىسى شۇكى، دېڭىزدىكى زور، قورقۇنچلۇق بىر ھايۋاننىڭ ئىسمى. بۇ يوغان ھايۋاننىڭ يەنە بىر ئىسمى «لېۋىئاتان» بولۇشى مۇمكىن (يۇقىرىقى 3-باب، 8-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ). ئۇ مۇقەددەس كىتابتىكى باشقا بىرنەچچە يەرلەردە شەيتاننىڭ بىر سىمۋولىدۇر. شۇڭا مۇشۇ يەردە «راھابنىڭ ياردەمچىلىرى» بەلكىم شەيتاننىڭ ياردەمچىلىرىنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

**ئەكسىچە ئۇ ماڭا دەرد-ئەلەمنى يۇكلىۋەتتى.**
19 **كۈچ-قۇدرەت توغرىسىدا گەپ قىلساق، مانا، ئۇنىڭدىن كۈچلۈك**
**يەنە باشقا كىم بار؟**
**ئادالەتكە كەلسەك، كىم ئۇنى سوتقا چاقىرالىسۇن؟!**
20 **مەن ئۆزۈمنى ئاقىلماقچى بولسام، ئۆز ئاغزىم ئۆزۈمنى گۇناھقا**
**پاتۇرار،**
**قۇسۇرسىز بولغان بولسام، ئۇ يەنىلا مېنى ئەگرى دەپ بېكىتەر.**
21 **بىراق مەن ئەسلىدە ئېيىبسىز ئىدىم.**
**مەيلى، ئۆزۈمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىم بىلەن پەرۋايىم پەلەك!**
**ئۆز جېنىمدىن تويدۇم!**
22 **ھەممە ئىش ئوخشاش ئىكەن؛ شۇڭا مەن دەيمەنكى،**
**ئۇ دۇرۇسلارنىمۇ، يامانلارنىمۇ ئوخشاشلا يوقىتىدۇ.**
23 **تۇيۇقسىز بېشىغا قازا كېلىپ ئۆلسە،**
**ئۇ بىگۇناھلارغا قىلىنغان بۇ سىناققا قاراپ كۈلىدۇ.**

---

19:9 **«ئادالەتكە كەلسەك، كىم ئۇنى سوتقا چاقىرالىسۇن؟!»** — ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىش سەل تەس. باشقا خىل تەرجىمىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

20:9 **«... قۇسۇرسىز بولغان بولسام، ئۇ يەنىلا مېنى ئەگرى دەپ بېكىتەر»** — ئايۇپقا مۇبادا خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاش پۇرسىتى كەلسىمۇ، ئۇ خۇدانىڭ زور كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئاغزىنىڭ ئېچىلماس قىلىنىشىدىن، ياكى ھەتتا «ماشىنا ئادەمدەك» ئۆز ئاغزى بىلەن ئۆزىنى ئەيىبلەپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. «خۇدا ھەممىدىن كۈچلۈك، شۇڭا ئۇ ئادىل» دېگەن كۆزقاراش دۇنيادىكى ھەربىر زالىمنىڭ: «كۈچ-ھوقۇق دېگەن ھەقتۇر» دېگەن كۆزقارىشىغا يېقىن كېلىدۇ. ئايۇپ مۇشۇ يەردە «خۇدا ماڭا ئۇنداق مۇئامىلە قىلسا، ئادىل بولمايدۇ» دېمەكچى بولىدۇ. كىتابنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا، خۇدانىڭ ھەم ھەممىدىن كۈچلۈك ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈنلەي ئادىل ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

22:9 **«... مەن دەيمەنكى، ئۇ دۇرۇسلارنىمۇ، يامانلارنىمۇ ئوخشاشلا يوقىتىدۇ»** — ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ بابتىكى 14-ئايەتتىن 34-ئايەتكىچە ئايۇپ خۇدانىڭ نامىنى بىر قېتىممۇ تىلغا ئالماي، پەقەت ئۇنى: «ئۇ... ئۇنىڭ... ئۇنى... سەن....» دەپ ئاتايدۇ. بەلكىم ئۇ خۇدانىڭ زور كۈچ-قۇدرىتىگە ھەم ئۆزىنىڭ ھازىرقى قورقۇنچلۇق ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئويلاپ، بەك قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك.

22:9 توپ. 2:9، 3؛ مال. 14:3

23:9 **«...ئۇ بىگۇناھلارغا قىلىنغان بۇ سىناققا قاراپ كۈلىدۇ»** — بۇ ئايەت ئايۇپنىڭ جان

24 يەر يۈزى يامانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى؛
بىراق ئۇ سوتچىلارنىڭ كۆزلىرىنى بۇ ئادالەتسىزلىكنى كۆرەلمەيدىغان
قىلىپ قويىدۇ؛
مۇشۇنداق قىلغۇچى ئۇ بولماي، يەنە كىم بولسۇن؟

25 مېنىڭ كۈنلىرىم يەلتاپاننىڭ يۈگۈرۈشىدىنمۇ تېز ئۆتىدۇ؛
ئۇلار مەندىن قېچىپ كېتىدۇ،
ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ياخشىلىقى يوقتۇر.
26 ئۇلار قومۇش كېمىلەردەك چاپسان ئۆتۈپ كېتىدۇ؛
ئالغۇر بۈركۈت ئوۋنى تۇتقىلى شۇڭغۇغاندەك تېز ماڭىدۇ.
27 ئەگەر: «نالە-پەريادتىن توختاپ،
چىرايىمنى تۈتۈلدۈرماي خۇش چىراي بولاي» دېسەممۇ،
28 مەن يەنىلا ئازابلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن قورقۇپ يۈرىمەن؛
چۈنكى سېنى مېنى بىگۇناھ ھېسابلىمايدۇ دەپ بىلىمەن.
29 مەن ھامان ئەيىبلىك ئادەم بولسام،
مەن بىھۇدە جاپا تارتىپ نېمە قىلاي؟
30 ھەتتا قار سۈيى بىلەن يۇيۇنۇپ،
قولۇمنى شۇنچە پاكىزلىغان بولساممۇ،
31 سەن يەنىلا مېنى ئەۋرەزگە چۆمۈلدۈرىسەنكى،
ئۆز كىيىممۇ مەندىن نەپرەتلىنىدىغان بولىدۇ!

---

ئاچچىقىدىن، شۇنداقلا خۇداغا بولغان گۇماندىن ئېيتقان بايانلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ قاتتىقى بولۇشى مۇمكىن.

**25:9** ئايۇپ 6:7، 7

**26:9** **«قومۇش كېمىلەر»** ــ قەدىمكى مىسىردا كۆپ ئىشلىتىلگەن، نىل دەرياسىدا ناھايىتى تېز ماڭىدىغان بىرخىل كېمە.

**28:9** **«... سېنى مېنى بىگۇناھ ھېسابلىمايدۇ دەپ بىلىمەن»** ــ ئايۇپ يەنىلا خۇدانىڭ ئادالىتىدىن گۇمانلىنىدۇ. 31-ئايەتتە بولسا ئۇنىڭ ئۈمىدى بەلكىم ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن.

**30:9** يەر. 22:2

32 چۈنكى ئۇ مەن ئۆنىڭغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك، ماڭا ئوخشاش ئادەم
ئەمەس.
مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سوتتا دەۋالاشقۇچىلىكىم يوقتۇر.
33 ئوتتۇرىمىزدا ھەر ئىككىمىزنى ئۆز قولى بىلەن تەڭ تۇتىدىغان
كېلىشتۈرگۈچى بولسىدى!
34 ئۇ ئۆزىنىڭ تايىقىنى مەندىن يىراق قىلسۇن،
ئۇنىڭ ۋەھىمىسى مېنى قورقاتمىسۇن؛
35 شۇندىلا مەن ئۇنىڭدىن قورقماي سۆزلىيەلەيتتىم؛
بىراق ئەھۋالىم ئۇنداق ئەمەستۇر!

## سېغىز لاي كۈلالچى بىلەن سۆزلىشىدۇ

10 1 مەن ئۆز جېنىمدىن نەپرەتلىنىمەن؛
ئۆز دەردىمنى تۆكۈۋالاي؛
قەلبىمدىكى ئاھ-زارىمنى سۆزلەۋالاي.
2 مەن تەڭرىگە: «مېنىڭ گۇناھىمنى بېكىتمە؛ ماڭا كۆرسەتكىنكى،
سەن زادى نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن دەۋالىشىسەن؟
3 ئادەمنى ئەزگىنىڭ،
ئۆز قولۇڭ بىلەن ياراتقىنىڭنى چەتكە قاقىقىنىڭ ساڭا پايدىلىقمۇ؟

---

32:9 **«چۈنكى ئۇ ... ماڭا ئوخشاش ئادەم ئەمەس. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سوتتا دەۋالاشقۇچىلىكىم يوقتۇر»** ــ بۇ بايان بەلكىم كىتابتىكى سورالغان ئەڭ چوڭقۇر سوئال بولۇشى مۇمكىن؛ دېمەك، ئادەم خۇدا بىلەن قانداقمۇ كېلىشەلىسۇن؟

**32:9** توب. 6:10؛ يەر. 19:49

33:9 **«ئوتتۇرىمىزدا ... كېلىشتۈرگۈچى بولسىدى!»** ــ ئايۇپ: ئادەم بىلەن خۇدانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان، بىر قولى بىلەن خۇدانى تۇتىدىغان، بىر قولى بىلەن ئىنساننى تۇتىدىغان كېلىشتۈرگۈچى بولسىدى! دەپ ئېيتقان بۇ كېلىشتۈرگۈچى ئىنجىلدا دەل ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى ئايان قىلىندۇ («1تىم.» 5:2).

**34:9** ئايۇپ 20:13؛ 7:33

**ياماناللارنىڭ سۈيىقەستىگە نۇر چاچقىنىڭ ياخشىمۇ؟**
**4 سېنىڭ كۆزۈڭ ئىنسانىنىڭكىدەك ئاجىزمۇ؟**
**سەن ئادەملەر كۆرگەندەك خىرە كۆرەمسەن؟**
**5 سېنىڭ كۈنلىرىڭ ئۆلىدىغان ئىنساننىڭ كۈنلىرىدەك چەكلىكمۇ؟**
**سېنىڭ يىللىرىڭ ئىنساننىڭ يىللىرىدەك قىسقىمۇ؟**
**7-6 سەن مېنىڭ رەزىل ئادەم ئەمەسلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ،**
**سېنىڭ قولۇڭدىن قۇتۇلدۇرغۇدەك ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ،**
**نېمىشقا مېنىڭ خاتالىقىمنى سوراپ يۈرىسەن؟**
**نېمىشقا مېنىڭ گۇناھىمنى سۈرۈشتۈرىسەن؟» ــ دەيمەن.**
**8 ــ سەن ئۆز قوللىرىڭ بىلەن مېنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر گەۋدە قىلىپ ياراتقانسەن؛**
**بىراق سەن مېنى يوقاتماقچىسەن!**
**9 سەن لايىنى ياسىغاندەك مېنى ياسىغىنىڭنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن،**
**دەپ يېلىنىمەن؛**
**سەن مېنى يەنە تۇپراققا قايتۇرامسەن؟**
**10 سەن ئۇستىلىق بىلەن مېنى سۈتتەك قۇيۇپ چايقاپ،**

---

3:10 **«ئۆز قولۇڭ بىلەن ياراتقىنىڭنى چەتكە قاققىنىڭ ساڭا پايدىلىقمۇ؟»** ــ ئايۇپ بەلكىم: ــ «سەن ماڭا ھەم پۈتۈن ئىنسانغا شۇنچە ياخشى ئەجرىڭنى سىڭدۈرگەنىكەنسەن، نېمىشقا بۇ ياخشى نەرسەڭگە شۇنداق زىيان يەتكۈزىسەن؟» دېمەكچى. ئۇ تۆۋەندىكى 8-12-ئايەتلەردە بۇ سۆزىنىڭ مەنىسىنى كېڭەيتىدۇ.
4:10 **«سېنىڭ كۆزۈڭ ئىنسانىنىڭكىدەك ئاجىزمۇ؟»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «سېنىڭ كۆزلىرى ئەتلىك كۆزلەرمۇ؟».
5:10 **«سېنىڭ كۈنلىرىڭ ... چەكلىكمۇ؟ سېنىڭ يىللىرىڭ ئىنساننىڭ يىللىرىدەك قىسقىمۇ؟»** ــ ئايۇپ بۇ جۈملىلەردە ھەممە ئىمكانىيەتنى ئوتتۇرا قويىدۇ؛ ئاندىن ئۇ ھەممىسىنى دېگۈدەك چەتكە قاقىدۇ ــ خۇدا ئادەمنى ئەزگىنىگە خۇشالمۇ-يا؟ ئۇ ئادەمدەك كالتە پەملىكمۇ-يا، ياكى ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ ئۆزىنى جازالاشقا ئۈلگۈرەلمەمدۇ-يا؟ (ئۇنداق بولمىسا، مەن زادى نېمىشقا شۇنداق ئازابقا قالدۇرۇلىمەن؟) دەپ ئويلايدۇ ئايۇپ.
**9:10** يار. 2:7؛ 19:3

مېنى ئىرىمچىكتەك ئۇيۇتقان ئەمەسمۇ؟
11 سەن تېرە ھەم ئەت بىلەن مېنى كىيىندۇرگەنسەن،
ئۇستىخان ھەم پەي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مېنى توقۇغانسەن.
12 سەن ماڭا ھايات ھەم مېھىر-شەپقەت تەقدىم قىلغانسەن،
سەن سۆيگۈڭ بىلەن روھىمدىن خەۋەر ئالدىڭ.
13 بىراق بۇ ئىشلار سېنىڭ قەلبىڭدە يوشۇرۇقلۇق ئىدى؛
بۇلارنىڭ ئەسلىدە قەلبىڭدە پۈكۈكلىكىنى بىلىمەن.
14 گۇناھ قىلغان بولسام، سەن مېنى كۆزىتىپ يۈرگەن بولاتتىڭ؛
سەن مېنىڭ قەبىھلىكىمنى جازالىماي قويمايتتىڭ.
15 رەزىل ھېسابلانغان بولسام، ماڭا بالا كېلەتتى!
ھەم ياكى ھەققانىي ھېسابلانساممۇ، قاتتىق نومۇسقا چۆمۈپ، ئازابقا چۆمگىنىمدە،
بېشىمنى يەنىلا كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم؛
16 ھەتتا بېشىمنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلساممۇ،
سەن ئەشەددىي شىردەك مېنىڭ پېيىمگە چۈشەتتىڭ؛

---

10:10 «سەن ... مېنى ئىرىمچىكتەك ئۇيۇتقان ئەمەسمۇ؟» ــ ئايۇپنىڭ «مېنى سۈتتەك قۇيۇپ چايقاپ، ...ئىرىمچىكتەك ئۇيۇتقان» دېگەن سۆزلىرى خۇدانىڭ ئۆز تېنىنى شۇنچە ئاجايىبلىق بىلەن مۆرەككەپ ياراتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

10:10 زەب. 139:15، 16.

12:10 «سەن سۆيگۈڭ بىلەن...» ــ ئىبرانىي تىلدا: «سەن يوقلىشىڭ بىلەن...». «... سەن سۆيگۈڭ بىلەن روھىمدىن خەۋەر ئالدىڭ» ــ 8-12-ئايەتتە، ئايۇپ خۇدانىڭ ئىنساننىڭ تېنىنى شۇنچە كارامەت ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ياساپ، شەپقەت-سۆيگۈ كۆرسەتكەندىن كېيىن، خۇدانىڭ ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن ئۇلۇغ، كارامەت بىر پىلانى بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بىراق ئايۇپ ئۆزىنىڭ ئىشىدا مۇنداق ئاجايىب پىلانىنى كۆرەلمەي، ئەكسىچە خۇدانىڭ ئۇنىڭ بارلىقىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ: «بىراق بۇ ئىشلار سېنىڭ قەلبىڭدە يوشۇرۇقلۇق ئىدى» (13-ئايەت) دەپ، خۇدا مېنىڭ دوستۇم ئەمەس، دۈشمىنىم بولۇپ چىققان دەپ گۇمانلىنىدۇ. ئايۇپنىڭ خۇدانىڭ دوستلۇقىدىن مەھرۇم بولغانمەن دېگەن ھېسسىياتى ۋە ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلىق سېزىمىنىڭ يوقلۇقى، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئازابلىق ئىش ئىدى.

**سەن ماڭا كارامەت كۈچۈڭنى ئارقا-ئارقىدىن كۆرسىتەتتىڭ.**
**17 سەن مېنى ئەيىبلەيدىغان گۇۋاھچىلىرىڭنى قايتىدىن ئالدىمغا كەلتۈرىسەن؛**
**ماڭا قارىتىلغان غەزىپىڭنى زور قىلىسەن؛**
**كۈچلىرىڭ ماڭا قارشى دولقۇنلاپ كەلمەكتە.**
**18 سەن ئەسلىدە نېمىشقا مېنى بالىياتقۇدىن چىقارغانسەن؟**
**كاشكى، مەن چاچراپ كەتكەن بولسام، ھېچ ئادەم مېنى كۆرمەس ئىدى!**
**19 مەن ھېچقاچان بولمىغان بولاتتىم!**
**بالىياتقۇدىن بىۋاستە گۆرگە ئاپىرىلغان بولاتتىم!**
**20-22 مېنىڭ ئازغىنە كۈنلىرىم تۈگەي دېگەن ئەمەسمۇ؟**
**شۇڭا مەن بارسا كەلمەس يەرگە بارغۇچە،**
**قاراڭغۇلۇق، ئۆلۈم سايە بولغان زېمىنغا،**
**زۇلمەت بىر زېمىنغا، يەنى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۆزىنىڭ زېمىنىغا،**
**ئۆلۈم سايىسىنىڭ زېمىنىغا،**
**تەرتىپسىز، ھەتتا ئۆز نۇرى قاپقاراڭغۇ قىلىنغان شۇ زېمىنغا بارغۇچە،**
**ماڭا ئازراق جان كىرىش ئۈچۈن،**
**ئىشىڭنى بىر دەقىقە توختات، مەندىن نېرى بول!».**

---

**16:10** يەش. 13:38؛ يىغ. 10:3

**17:10** **«مېنى ئەيىبلەيدىغان گۇۋاھچىلىرىڭ»** ــ ئايۇپنىڭ بۇ دېگىنى، بەلكىم، خۇدانىڭ ئۇنى «سەن گۇناھ قىلدىڭ، شۇڭا جازالاندىڭ» دەپ ئەيىبلەيدىغان بىرنەچچە گۇۋاھچىنى ئورۇنلاشتۇرغان، دەپ كۆرسەتمەكچى؛ گۇۋاھچىلار بولسا، ئۇنىڭ ئۈچ دوستىنى، ئۆز بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى ھەمدە كېسەلنىڭ ئازابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك.

**18:10** ئايۇپ 11:3

## زوفارنىڭ بىرىنچى سۆزى ـ «ساختىا ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى»

11 [1] ئاندىن نائاماتلىق زوفار جاۋابەن مۇنداق دېدى: ـ
[2] «گەپ مۇنداق كۆپ تۇرسا، ئۇنى جاۋابسىز قالدۇرغىلى
بولماس؟
سۆزمەن كىشى ئۆزىنى ئاقلىسا بولامدۇ؟
[3] سېنىڭ سەپسەتەلىرىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىسا بولامدۇ؟
سەن مازاق قىلىپ سۆزلىگەندىن كېيىن، ھېچكىم بۇ ئىشنى يۈزۈڭگە
سالمىسۇنمۇ؟
[4] چۈنكى سەن: «مېنىڭ ئەقىدىلىرىم ساپتۇر،
مەن سەن خۇدانىڭ ئالدىدا پاكمەن» ـ دېدىڭ.
[5] ئاھ، تەڭرى گەپ قىلسىدى!
ئاغزىنى ئېچىپ سېنى ئەيىبلىسىدى!
[6] شۇنداق قىلىپ ئۇ دانالىقنىڭ سىرلىرىنى ساڭا ئېچىپ بەرسىدى!
چۈنكى دانالىق ئىككى تەرەپلىكتۇر!
تەڭرىنىڭ گۇناھىڭنىڭ خېلى بىر قىسمىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۇلاردىن
ئۆتىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىپ قوي!

---

1:11 **«نائاماتلىق زوفار»** ـ ئايۇپقا سۆز قىلىدىغان ئۈنىڭ ئۈچىنچى دوستىدۇر. بىز ئايۇپنىڭ بۇ ئۈچ دوستىنى سىلىشتۇرىدىغان بولساق، ئېلىفاز ئەدەبلىكرەك، باشقىلاردىن سەل مېھرىباندەك كۆرۈنىدۇ؛ سۆز قىلىش تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يېشى بەلكىم ئەڭ چوڭ، ئاخىردا سۆزلەيدىغان زوفار ئەڭ كىچىك بولۇشى مۇمكىن. ئېلىفاز ئۆز تەجرىبىسىنى، يەنى ئۆزىنىڭ كۆرگەن غايىبانە ئالامەتنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ؛ بىلداد بولسا ئەنئەنىچى بولۇپ، ئىلگىرىكى دەۋردىكىلەر مەيلى نېمە دېگەن بولمىسۇن، شۇ توغرا دەپ قارايدۇ؛ زوفار بولسا ھېسسىياتچان، قوپال، ئاممىباب ماقال-تەمسىللەرگە ئامراق، «جامائەتنىڭ پىكرى بەرىبىر توغرىدۇر» دەپ قارايدۇ (3-ئايەتتىمۇ «كۆپچىلىك» دېگەن سۆز تەكىتلىنىدۇ). بەزىدە ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن يامانلارنىڭ جازالىنىشىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى ھۇزۇر ئالىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

4:11 **«مېنىڭ ئەقىدىلىرىم ساپتۇر»** ـ ئەمەلىيەتتە ئايۇپ بۇنداق سۆز قىلمىدى.

6:11 **«تەڭرىنىڭ گۇناھىڭنىڭ خېلى بىر قىسمىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۇلاردىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىپ قوي!»** ـ زوفارنىڭ بۇ سۆزلىرى: «خۇدا گۇناھلىرىڭنىڭ بىرنەچچىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، پەقەت ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى ساڭا چۈشۈرۈۋاتىدۇ»، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

7 سەن تەڭرىنى ئىزدىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى تولۇق تونۇيالامسەن؟!
ھەممىگە قادىرنىڭ چەكسىزلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەمسەن؟
8 بۇنداق دانالىق ئاسماندىن ئېگىزدۇر، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە نېمە ئامالىڭ بار؟
ئۇ تەھتىسارادىن چوڭقۇردۇر، سەن نېمىنى بىلەلەيسەن؟
9 ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەر-زېمىندىن ئۇزۇندۇر،
كەڭلىكى دېڭىز-ئوكيانلاردىن كەڭدۇر.
10 ئۇ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئادەمنى قامىسا، ئۇنى سوراققا چاقىرسا،
كىممۇ ئۇنى توسالىسۇن؟
11 چۈنكى ئۇ ساختا ئادەملەرنى ئوبدان بىلىدۇ،
ئۇ تەكشۈرمەي تۇرۇپلا ئالدامچىلىقنى ئاللىقاچان كۆرۈپ بولغان.
12 «ئىنسان تۇغۇلۇپ بىر ياۋا ئېشەكنىڭ تەخىيىگە ئايلانغۇچە،
نادان ئادەم دانا بولۇر!».
13 بىراق سەن بولساڭ، ئەگەر قەلبىڭنى توغرىلاتساڭ،
قولۇڭنى خۇداغا قاراپ سوزساڭ،
14 قولۇڭدىكى قەبىھلىكنى ئۆزۈڭدىن نېرى قىلساڭ،
چېدىرلىرىڭدا ھېچ يامانلىقنى تۇرغۇزمىساڭلا،
15 سەن ئۇ چاغدا يۈزۈڭنى قۇسۇرسىز كۆتۈرۈپ يۈرىسەن،
تەۋرەنمەس، قورقۇنچىسىز بولىسەن؛
16 جاپايىڭنى ئۇنتۇيسەن،

---

11:11 **«ئۇ تەكشۈرمەي تۇرۇپلا ئالدامچىلىقنى ئاللىقاچان كۆرۈپ بولغان»** ـــ يەنە بىر خىل تەرجىمىسى: «ۋە ئادەملەر بايقىيالمايدىغان گۇناھنىمۇ كۆرەلەيدۇ».

**11:11** زەب. 11:10، 14؛ 21:35-23؛ 11:94

12:11 **«ئىنسان تۇغۇلۇپ بىر ياۋا ئېشەكنىڭ تەخىيىگە ئايلانغۇچە، نادان ئادەم دانا بولۇر!»** ـــ بۇ ئايەتنىڭ يەنە ئىككى خىل تەرجىمىسى: «نادان كىشى دانالىققا ئېرىشمەس، ئىنسان تۇغۇلغاندا ياۋا ئېشەكنىڭ تەخىيىگە ئوخشاشتۇر، خالاس» ياكى «ياۋا ئېشەكنىڭ تەخىيى تۇغۇلۇپ ئىنسانغا ئايلانغۇچە، نادان بىر ئادەم دانا بولۇر». بۇ سۆز بەلكىم ئاشۇ دەۋردىكى بىر ماقال بولسا كېرەك.

**12:11** ئايۇپ 8:5؛ 21:22؛ توپ. 18:3

ھەتتا ئېقىپ ئۆتۈپ كەتكەن سۇنى ئويلىغاندەك ئۇلارنى ئەسلەيسەن؛
17 كۈنلىرىڭ چۈشتىكى نۇردىن يورۇق بولىدۇ،
سېنى ھازىر قاراڭغۇلۇق باسقىنى بىلەن، تاڭدەك پارلاق بولىسەن.
18 ئۈمىدىڭ بار بولغاچقا، سەن ھىمايىگە ئىگە بولىسەن،
سەن ئەتراپىڭغا خاتىرجەم قاراپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرىسەن.
19 راست، سەن ياتقىنىڭدا، ھېچكىمنىڭ ۋەسۋەسىسى بولمايدۇ،
ئەكسىچە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر سېنىڭ ھىممىتىڭنى ئىزدەپ كېلىدۇ.
20 بىراق رەزىللەرنىڭ كۆزلىرى نۇرىدىن كېتىدۇ،
ئۇلارغا قېچىشقا ھېچ يول قالمايدۇ،
ئۇلارنىڭ ئۈمىدى نەپسى توختاشتىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس».

## ئايۇپ يەنە سۆز قىلىدۇ
## «خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى، ئۇنىڭ ئادىللىقى ۋە كۆرۈنۈشتە بولغان ئادىلسىزلىقى»

12 1 ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
2 سىلەر بەرھەق ئەل-ئەھلىسىلەر!
ئۆلسەڭلار ھېكمەتمۇ سىلەر بىلەن بىللە كېتىدۇ!

---

**17:11** زەب. 6:37؛ 14:92؛ 4:112؛ پەند. 18:4
**18:11** لاۋ. 5:26
19:11 **«... ئەكسىچە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر سېنىڭ ھىممىتىڭنى ئىزدەپ كېلىدۇ»** ــ مۇشۇ گەپنىڭ ئاجايىب يېرى شۇكى، ئاخىردا زوفارنىڭ ئۆزى ئايۇپنىڭ ھىممىتىگە ھاجەتمەن بولىدۇ (42-باب).
**19:11** لاۋ. 6:26؛ زەب. 3:5-6؛ 8:4؛ پەند. 24:3
20:11 **«ئۇلارنىڭ ئۈمىدى نەپسى توختاشتىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس»** ــ زوفارنىڭ بۇ سۆزى ئايۇپقا قارىتىلغان ھېچقانداق ھېسداشلىق بولمىغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ: «مۇنداق كېتىۋەرسەڭ، سەندە پەقەت نەپسىڭنى توختىتىشتىن باشقا ئۈمىد قالمايدۇ» دېگەنلىك.
**20:11** ئايۇپ 8:13،14؛ 14:18

3 مېنىڭمۇ سىلەردەك ئۆز ئەقلىم بار،
ئەقىلدە سىلەردىن قالمايمەن؛
بۇنچىلىك ئىشلارنى كىم بىلمەيدۇ؟!
4 مەن ئۆز دوستلىرىمغا مازاق ئوبيېكتى بولدۇم؛
مەندەك تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ، دۇئاسى ئىجابەت بولغان كىشى،
ھەققانىي، دۇرۇس بىر ئادەم مازاق قىلىندى!
5 راھەتتە ئولتۇرغان كىشىلەر كۆڭلىدە ھەرقانداق كۈلپەتنى نەزىرىگە
ئالمايدۇ؛
ئۇلار: «كۈلپەتلەر پۇتلىرى تېيىلىش ئالدىدا تۇرغان كىشىگىلا تەييار
تۇرىدۇ» دەپ ئويلايدۇ.
6 قاراقچىلارنىڭ چېدىرلىرى ئاۋاتلىشىدۇ؛
تەڭرىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغانلار ئامان تۇرىدۇ؛
ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلاھىنى ئۆز ئالقىنىدا كۆتۈرىدۇ.
7 ئەمدى ھايۋانلاردىنمۇ سوراپ باق،
ئۇلار ساڭا ئۆگىتىدۇ،
ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارمۇ ساڭا دەيدۇ؛
8 ۋە ياكى يەر-زېمىنغا گەپ قىلساڭچۇ،
ئۇمۇ ساڭا ئۆگىتىدۇ؛
دېڭىزدىكى بېلىقلار ساڭا سۆز قىلىدۇ.
9 بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ قولى قىلغانلىقىنى كىم
بىلمەيدۇ؟
10 بارلىق جان ئىگىلىرى، بارلىق ئەت ئىگىلىرى،

---

**4:12** ئايۇپ 10:16؛ 2:17؛ 3:21؛ 1:30؛ پەند. 2:14

5:12 **«راھەتتە ئولتۇرغان كىشىلەر... : «كۈلپەتلەر پۇتلىرى تېيىلىش ئالدىدا تۇرغان كىشىگىلا تەييار تۇرىدۇ» دەپ ئويلايدۇ»** ــ ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىش سەل تەس. باشقا خىل تەرجىمىلىرىمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن.

6:12 **«ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلاھىنى ئۆز ئالقىنىدا كۆتۈرىدۇ»** ــ دېمەك، ئۇلار بۇتپەرەسلار. باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «تەڭرى ھەتتا ئۇلارنىڭ قولىغا مولچىلىق بېرىدۇ».

**6:12** ئايۇپ 7:21؛ زەب. 11:73، 12؛ يەر. 1:12؛ ھاب. 3:1، 4

جۇملىدىن بارلىق ئىنسانىنىڭ نەپسى ئۇنىڭ قولىدىدۇر.
11 ئېغىزدا تائامنى تېتىغاندەك،
قۇلاقمۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى سىناپ باقىدۇ ئەمەسمۇ؟
12 ياشانغانلاردا دانالىق راست تېپىلامدۇ؟
كۈنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن يورۇتۇلۇش كېلەمدۇ؟
13 ئۇنىڭدىلا دانالىق ھەم قۇدرەت بار؛
ئۇنىڭدىلا يوليورۇق ھەم يورۇتۇش باردۇر.
14 مانا، ئۇ خاراب قىلسا، ھېچكىم قايتىدىن قۇرۇپ چىقالمايدۇ؛
ئۇ قاماپ قويغان ئادەمنى ھېچكىم قويۇۋېتەلمەيدۇ.
15 مانا، ئۇ سۇلارنى توختىتىۋالسا، سۇلار قۇرۇپ كېتىدۇ،
ئۇ ئۇلارنى قويۇپ بەرسە، ئۇلار يەر-زېمىننى بېسىپ ۋەيران قىلىدۇ.
16 ئۇنىڭدا كۈچ-قۇدرەت، چىن ھېكمەتمۇ بار؛
ئالدىغۇچى، ئالدانغۇچىمۇ ئۇنىڭغا تەۋەدۇر.
17 ئۇ مەسلىھەتچىلەرنى يالىڭاچ قىلدۇرۇپ، يالاپ ئېلىپ كېتىدۇ،
سوراقچىلارنى رەسۋا قىلىدۇ.
18 ئۇ پادىشاھلار ئەل-ئەھلىگە سالغان كىشەنلەرنى يېشىدۇ،
ئاندىن شۇ پادىشاھلارنى يالىڭاچلاپ، چاتراقلىرىنى لاتا بىلەنلا قالدۇرۇپ شەرمەندە قىلىدۇ.
19 ئۇ كاھىنلارنى يالىڭاياغ ماڭدۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ؛
ئۇ كۈچ-ھوقۇقدارلارنى ئاغدۇرىدۇ.

---

**11:12** ئايۇپ 30:6؛ 3:34

**13:12** **«ئۇنىڭدىلا»** ــ خۇدادىلا، دېمەكچى.

**14:12** ئايۇپ 12:9؛ 10:11؛ ۋەھ. 7:3

**17:12** 2سام. 31:15؛ 23،14:17؛ يەش. 12:19؛ 14:29؛ 1كور. 19:1

**18:12** **«ئۇ پادىشاھلار ئەل-ئەھلىگە سالغان كىشەنلەرنى يېشىدۇ، ئاندىن شۇ پادىشاھلارنى يالىڭاچلاپ، ... شەرمەندە قىلىدۇ»** ــ مۇشۇ پادىشاھلار مۇستەبىت بولۇشى ناتايىن؛ ئۇلار پۇقرالارغا سالغان كىشەنلەرنى بەلكىم ئادىللىق بىلەن سالغان بولۇشى مۇمكىن.
—باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرىمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن.

**19:12** **«كاھىنلار»** ــ خەلققە ۋاكالىتەن قۇربانلىق قىلغۇچىلار، ئۇلار ئۇچۇن دۇئا قىلغۇچىلار.

20 ئۇ ئىشەنچلىك قارالغان زاتلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىدۇ؛
ئاقساقاللارنىڭ ئەقلىنى ئېلىپ كېتىدۇ.
21 ئۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۈستىگە ھاقارەت تۆكىدۇ،
ئۇ پالۋانلارنىڭ بەلۋېغىنى يېشىپ ئۇلارنى كۈچسىز قىلىدۇ.
22 ئۇ قاراڭغۇلۇقتىكى چوڭقۇر سىرلارنى ئاشكارىلايدۇ؛
ئۇ ئۆلۈمنىڭ سايىسىنى يورۇتىدۇ.
23 ئۇ ئەل-يۇرتلارنى ئۇلۇغلاشتۇرىدۇ ھەم ئاندىن ئۇلارنى گۇمران قىلىدۇ؛
ئەل-يۇرتلارنى كېڭەيتىدۇ، ئۇلارنى تارقىتىدۇ.
24 ئۇ زېمىندىكى ئەل-جامائەتنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئەقلىنى ئېلىپ كېتىدۇ؛
ئۇلارنى يولسىز دەشت-باياۋاندا سەرسان قىلىپ ئازدۇرىدۇ.
25 ئۇلار نۇرسىزلاندۇرۇلۇپ قاراڭغۇلۇقتا يولنى سىلاشتۇرىدۇ،
ئۇ ئۇلارنى مەست بولۇپ قالغان كىشىدەك گالدى-گۇلدۇك ماڭدۇرىدۇ.

---

**20:12** ئايۇپ 9:32؛ يەش. 2:3، 3

21:12 **«ئۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۈستىگە ھاقارەت تۆكىدۇ، ئۇ پالۋانلارنىڭ بەلۋېغىنى يېشىپ ئۇلارنى كۈچسىز قىلىدۇ»** ــ مۇشۇ ئاقسۆڭەك، پالۋانلار ئەسلىدە مەلۇم بىر گۇناھ ياكى زالىملىقنى قىلغانلىقى ناتايىن. ئايۇپ بۇ يەردە: خۇدا تاشقى كۆرۈنۈشتە سەۋەبسىز ھالدا بۇ ئېسىلزادە كىشىلەرگە ھەرخىل كۈلپەت چۈشۈرىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنى قىيىنچىلىققا دۇچار قىلىدۇ، دېمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «ئاقساقاللارنىڭ ئەقلى ئېلىپ كېتىلگەن» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەسلىھەت بېرىدىغان ئادەملىرىنىڭمۇ ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ پالاكەتلەر مەلۇم بىر گۇناھتىن چىققان بولۇشىمۇ ياكى ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئايۇپنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىگە قارىغاندا، 23-25-ئايەتلەردە دېيىلگەن ئاۋاتچىلىق ھەم كۈلپەتلەر ئوخشاشلا يۇز بەرگەندەك كۆرىنىدۇ.

**21:12** زەب. 40:107

**22:12** مات. 26:10؛ 1كور. 5:4

**23:12** زەب. 38:107

**24:12** زەب. 107:4-5، 40

## ئايۇپنىڭ دوستلىرىغا سۆزلەشتىن توختاپ، يەنە خۇداغا قاراپ سۆزلىشى

13 [1] مانا، مېنىڭ كۆزۈم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىققان؛
مېنىڭ قۇلىقىم بۇلارنى ئاڭلاپ چۈشەنگەن.
[2] سىلەرنىڭ بىلگەنلىرىڭلارنى مەنمۇ بىلىمەن؛
مېنىڭ سىلەردىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق.
[3] بىراق مېنىڭ ئارزۇيۇم ھەممىگە قادىر بىلەن سۆزلىشىشتۇر،
مېنىڭ خۇدا بىلەن مۇنازىرە قىلغۇم كېلىدۇ.
[4] سىلەر بولساڭلار تۆھمەت چاپلىغۇچىلار،
ھەممىڭلار يارامسىز تېۋىپسىلەر.
[5] سىلەر پەقەتلا سۈكۈتتە تۇرغان بولساڭلارئىدى!
بۇ سىلەر ئۈچۈن دانالىق بولاتتى!
[6] مېنىڭ مۇنازىرەمگە قۇلاق سېلىڭلار،
لەۋلىرىمدىكى مۇھاكىمىلەرنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.
[7] سىلەر خۇدانىڭ ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە بولۇۋېلىپ بىئادىل سۆز قىلامسىلەر؟
ئۇنىڭ ئۈچۈن ھىيلە-مىكىرلىك گەپ قىلماقچىمۇسىلەر؟
[8] ئۇنىڭغا يۈز-خاتىرە قىلىپ خۇشامەت قىلماقچىمۇسىلەر؟!
ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن دەۋا سورىماقچىمۇسىلەر؟
[9] ئۇ ئىچ-باغرىڭلارنى ئاختۇرۇپ چىقسا، سىلەر ئۈچۈن ياخشى بولاتتىمۇ؟
ئىنسان بالىسىنى ئالدىغاندەك ئۇنى ئالدىماقچىمۇسىلەر؟
[10] سىلەر يۈز-خاتىرە قىلىپ يوشۇرۇنچە خۇشامەت قىلساڭلار،

---

3:13 «... مېنىڭ خۇدا بىلەن مۇنازىرە قىلغۇم كېلىدۇ» ــ ياكى «... مېنىڭ خۇدا بىلەن دەۋالاشقۇم كېلىدۇ».

4:13 ئايۇپ 2:16

5:13 پەند. 28:17

7:13 ئايۇپ 5:17؛ 21:32؛ 4:36

**ئۇ چوقۇم سىلەرنى ئەيىبلەيدۇ.**
11 **بۇنىڭدىن كۆرە ئۇنىڭ ھەيۋىسىنىڭ سىلەرنى قورقاتقىنى،**
**ئۇنىڭ ۋەھىمىسىنىڭ سىلەرگە چۈشكىنى تۈزۈك ئەمەسمۇ؟**
12 **پەند-نەسىھەتىڭلار پەقەت كۈلگە ئوخشاش سۆزلەر، خالاس؛**
**سىلەر ئىشەنچ باغلىغان ئىستىھكامىڭلار پەقەت لاي ئىستىھكاملار، خالاس.**
13 **مېنى ئىختىيارىمغا قويۇۋېتىپ زۇۋان سۈرمەڭلار، مېنى گەپ قىلغىلى قويۇڭلار.**
**بېشىمغا ھەرنېمە كەلسە كەلسۇن!**
14 **قانداقلا بولمىسۇن، جېنىم بىلەن تەۋەككۈل قىلىمەن،**
**مەن جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويىمەن!**

---

10:13 **«.... سىلەر يۈز-خاتىرە قىلىپ يوشۇرۇنچە خۇشامەت قىلساڭلار، ئۇ چوقۇم سىلەرنى ئەيىبلەيدۇ»** — ئايۇپنىڭ سۆزلىرى ئىچىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇن مەنىلەر ئىپادىلىنىدۇ. ئايۇپنىڭ بۇ بايانى ئۇلاردىن ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغان بىر مىسال ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۈچ دوستىغا ناھايىتى كەسكىن ھالدا خۇداغا خۇشامەتچىلىك قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 12-بابتا ئۇ خۇدانىڭ ئادالىتىدىن گۇمانلىنىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ مۇشۇ يەردە خۇدا ھەققانىيەتنى ئىنتايىن ئەتىۋارلايدۇ. خۇدا دۇرۇس، لىللا گەپنى بەك سۆيىدۇ، كىشىلەرنىڭ خۇداغا ۋاكالەتچى بولۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ چىرايلىق پىكرىنى ئىپادىلىشىگە قەتئىي بولمايدۇ، دېگەن كۆزقاراشنى ئىپادىلەيدۇ. خۇدانىڭ ھۆرمىتىگە لايىق سۆزلەرنى قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ۋەھىيسىنى ئاساس قىلىش ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رېئاللىقتىن قەتئىي ئايرىلماي تۇرۇپ، بۇ دۇنيادىكى كۆرۈنەرلىك پاكىتلارغا يۈزلىنىش زۆرۈردۇر. مەيلى خۇداغا، مەيلى باشقىلارغا خۇشامەتلىك ياكى يالغان گەپ قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.
—ئۇ ئۈچ دوستىغا ئاگاھلاندۇرىدۇكى، خۇداغا خۇشامەتچىلىك قىلسا، خۇدا ئۇلارنى جازالايدۇ. بۇ گەپ ئايۇپنىڭ خۇدانىڭ ئادالىتىگە قەتئىي ئىشەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇنىڭ ھازىرقى ئېتىقادى ھەم گۇمانى ئارىسىدىكى ئىچىدە بولغان كۈرەشنى بىزگە ئايان قىلىدۇ.
12:13 **«سىلەر ئىشەنچ باغلىغان ئىستىھكامىڭلار پەقەت لاي ئىستىھكاملار، ....»** — ياكى «سىلەر ئىشەنچ باغلىغان جاۋابلارپەقەت لاي ئىستىھكاملار، ....».
14:13 **«قانداقلا بولمىسۇن، جېنىم بىلەن تەۋەككۈل قىلىمەن»** — سۆزمۇسۆز بولسا: «قانداقلا بولمىسۇن (يانى «نېمىشقا») ئەتلىرىمنى چىشىمدا ئېلىپ كۆرەش قىلىمەن؟» — ئۇ ئۆزىنى كەسكىن كۆرەش قىلماقچى بولغان بىر ھايۋانغا ئوخشىتىدۇ. **«مەن جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويىمەن!»** — ياكى: «نېمىشقا جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويىدۇم؟».

15 ئۇ جېنىمنى ئالسىمۇ مەن يەنىلا ئۇنى كۈتىمەن، ئۇنىڭغا تايىنىمەن؛
بىراق قانداقلا بولمىسۇن مەن تۇتقان يوللىرىمنى ئۇنىڭ ئالدىدا
ئاقلىماقچىمەن؛
16 بۇنداق قىلىشىم ماڭا نىجاتلىق بولىدۇ؛
چۈنكى ئىپلاس بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا بارالمايدۇ.
17 سۆزلىرىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار،
بايانلىرىمغا ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار.
18 مانا، مەن ئۆز دەۋايىمنى تەرتىپلىق قىلىپ تەييار قىلدىم؛
مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن ئاقلىنىدىغانلىقىمنى بىلىمەن.
19 مەن بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىدىغان قېنى كىم باركىن؟
ھازىر سۈكۈت قىلغان بولسام، تىنىقتىن توختىغان بولاتتىم!
20 ئاھ خۇدا! ماڭا پەقەت ئىككى ئىشنىلا قىلىپ بەرگىن؛
شۇنداق بولغاندىلا، مەن ئۆزۈمنى سەندىن قاچۇرمايمەن:
21 ــ قولۇڭنى مەندىن يىراق قىلغىن؛
ــ ۋەھىمەڭ مېنى قورقاتمىسۇن.

---

15:13 **«ئۇ جېنىمنى ئالسىمۇ مەن يەنىلا ئۇنى كۈتىمەن، ئۇنىڭغا تايىنىمەن...»** ــ بۇ ئايەت ئايۇپنىڭ ئېتىقادقا ئەڭ تولغان بايانلىرىدىن بىرى. ئىبرانىي تىلدا «كۈتۈش» ۋە «تايىنىش» بىر پېئىل بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

**15:13** زەب. 4:23؛ پەند. 32:14

19:13 **«مەن بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىدىغان قېنى كىم باركىن؟ ھازىر سۈكۈت قىلغان بولسام، تىنىقتىن توختىغان بولاتتىم!»** ــ بۇ تېكىستنىڭ تۆت خىل تەرجىمىسى ياكى چۈشەنچىسى بار: ــ (1) ئايۇپ بىرەرسىنىڭ ئۆزى بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ؛ ھەتتا بىرسى بەس-مۇنازىرىگە چىقسىلا: «مەن ئۇنىڭ سوئالىغا پىسەنت قىلماي، بۇ دۇنيادىن كېتىمەن» دېگەندەك؛ (2) ...ئۇنداق ئادەم چىقسا، مەن گەپ قىلماي سۈكۈتتە ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەن!؛ (3) ئۇ كىمنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىدىن قەتئىينەزەر، سۈكۈت قىلىشقا قەتئىي ئۇنىمايدۇ؛ (4) بىرسىنىڭ ئۆزى بىلەن يەنە بەس-مۇنازىرە قىلغۇسى بولسا، تېز بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ پات ئارىدا دۇنيادىن كېتىدۇ. بىز ئۈچىنچىسىنى ئىشلەتتۇق.

**20:13** ئايۇپ 34:9؛ 7:33

21:13 **«ماڭا پەقەت ئىككى ئىشنىلا قىلىپ بەرگىن... قولۇڭنى مەندىن يىراق قىلغىن؛ ــ ۋەھىمەڭ مېنى قورقاتمىسۇن»** ــ بىرىنچى ئىش بولسا، خۇدانىڭ ئۆز قولىنى ئۇنىڭدىن

22 ئاندىن مېنى سوت قىلىشقا چاقىر، مەن ساڭا جاۋاب بېرىمەن؛
ياكى مەن ساڭا دەۋايىمدىن سۆز قىلسام، سەنمۇ ماڭا جاۋاب بېرىسەن.

## ئايۇپ دەۋاسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ

23 مېنىڭ قەبىھلىكلىرىم ھەم گۇناھلىرىم زادى قانچىلىك؟
ئىتائەتسىزلىكىم ھەم گۇناھىمنى ماڭا كۆرسىتىپ بەر!
24 نېمىشقا دىدارىڭنى مەندىن يوشۇرىسەن؟
نېمىشقا مېنى ئۆز دۈشمىنىڭ دەپ بىلىدىڭ؟
25 ئۇياق-بۇياققا ئۇچۇرۇۋېتىلىدىغان ئانچىكى بىر يوپۇرماقنى
ۋەھىمىگە سالماقچىمۇسەن؟
قۇرۇپ كەتكەن پاخالنى قوغلىماقچىمۇسەن؟
26 چۈنكى سەن مېنىڭ ئۈستۈمدىن زەھەردەك ئەرزلەرنى يازىسەن،
سەن ياشلىقىمدىكى قەبىھلىكلىرىمنى ماڭا قايتۇرۇۋاتىسەن.
28-27 مەن چىرىپ كەتكەن بىر نەرسە،
مەن پەقەت كۈيە يېگەن بىر كىيىملا بولغىنىم بىلەن،
لېكىن سەن مېنىڭ پۇتلىرىمنى كىشەنلەيسەن،
ھەممە يوللىرىمنى كۆزىتىپ يۈرىسەن؛
تاپانلىرىمغا ماڭماسلىق ئۈچۈن چەك سىزىپ قويغانسەن.

## ئۆلۈمدىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟

يىراق قىلىشى بىلەن ئۇ ئازراق دەم ئالالايدۇ؛ ئىككىنچى ئىش، خۇدانىڭ ۋەھىمىسى بولمىسا ئۇ جۈرئەتلىك بولۇپ سۆز قىلىدۇ، دېگەنلىك.

**24:13** ئايۇپ 9:16؛ 11:19؛ 10:33؛ يىغ. 5:2

**26:13** زەب. 7:25

**28-27:13** ئايۇپ 11:33

14

1 ئانىدىن تۇغۇلغانلارنىڭ كۈنلىرى ئازدۇر،
پالاكەت ئۇنىڭغا ياردۇر.
2 ئۇ گۈلدەك دۇنياغا كېلىپ ئاندىن توزۇيدۇ،
ئۇ قۇياش ئالدىدىن سايىگە ئوخشاش قېچىپ كېتىدۇ.
3 بىراق سەن تېخى شۇنداق بىر ئاجىز بولغۇچىغا كۆزۈڭنى تىكىپ،
مېنى ئۆز ئالدىڭغا سوراققا تارتىۋاتامسەن؟
4 كىم ناپاك نەرسىلەردىن پاك نەرسىنى چىقىرالايدۇ؟ ــ ھېچكىم!
5 ئىنساننىڭ كۈنلىرى بېكىتىلگەندىكىن،
ئۇنىڭ ئايلىرىنىڭ سانى سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغاندىكىن،
سەن ئۇنىڭ ئۆتسە بولمايدىغان چەكلىرىنى بېكىتكەندىكىن،
6 ئۇنىڭ بىرئاز دەم ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كۆزۈڭنى ئېلىپ قاچقىن،
شۇنىڭ بىلەن مەدىكاردەك ئۇنىڭغا ئۆز كۈنلىرىدىن سۆيۈنۈش نېسىپ بولسۇن!
7 چۈنكى دەرەخ كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن، قايتا ئۆسۈشتىن ئۈمىد بار؛
يۇمرانلىرى تۈگەپ كەتمەيدۇ؛ بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ يۇمران بىخلىرى تۈگەپ كەتمەيدۇ؛

---

**1:14** زەب. 90:5-6، 9-10؛ 102:11؛ 103:15؛ 144:4؛ ياق. 4:14

**2:14** ئايۇپ 8:9؛ زەب. 90:5-6، 9-10؛ 102:11؛ 103:15؛ 144:4؛ يەش. 40:6؛ 1پېت. 1:24

**3:14** «**مېنى ئۆز ئالدىڭغا سوراققا تارتىۋاتامسەن؟**» ــ ياكى «ئۇنى ئۆز ئالدىڭغا سوراققا تارتىۋاتامسەن؟».

**3:14** ئايۇپ 7:17،18؛ 10:20

**4:14** «**كىم ناپاك نەرسىلەردىن پاك نەرسىنى چىقىرالايدۇ؟ ــ ھېچكىم!**» ــ دېمەك، ئىنسان بالىسى خۇدانىڭ ئالدىدا قانداق قىلىپ پاك بولالايدۇ ھەم قوبۇل قىلىنالايدۇ؟ ئايۇپنىڭ ئۆزى 19-بابتا بېشارەت قىلىپ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ.

**4:14** يار. 5:3؛ زەب. 51:5-7؛ يـۇھ. 3:6؛ رىم. 5:12؛ ئەف. 2:3

**5:14** ئايۇپ 7:1

**6:14** «**ئۇنىڭ بىرئاز دەم ئېلىشى ئۈچۈن ... مەدىكاردەك ئۇنىڭغا ئۆز كۈنلىرىدىن سۆيۈنۈش نېسىپ بولسۇن!**» ــ ئايۇپنىڭ دېگىنى بويىچە ئىنسانلارغا ئادەتتىكى تۇرمۇشنىڭ (مەدىكارنىڭكىدەك) جاپاسى كۇپايە، شۇڭا ئۇ بۇ جاپالىق ھايات كۈنلىرىدىن ئازراققىنە ھۇزۇر ئالسۇن، «بۇ ئادەتتىكى جاپاغا تېخىمۇ كۆپ جاپا ئارتمىغايسەن» دېگەن مەنىدە.

**6:14** ئايۇپ 7:1، 2، 16، 19؛ 10:20

8 ئۇنىڭ يىلتىزى يەردە قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ،
ئۇنىڭ كۆتىكى تۇپىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ،
9 بىراق سۇنىڭ پۇرىقى بىلەنلا ئۇ يەنە كۆكىرىدۇ،
يۇمران ئوت-چۆپتەك يېڭى بىخلارنى چىقىرىدۇ.
10 بىراق ئادەم بولسا ئۆلىدۇ، ئىلاجسىز ئوڭدا ياتىدۇ، بەرھەق،
ئىنسان نەپەستىن قالىدۇ، ئاندىن نەدە بولىدۇ؟
11 دېڭىزدىكى سۇلار پارغا ئايلىنىپ تۈگەپ كەتكەندەك،
دەريالار قاغجىراپ قۇرۇپ كەتكەندەك،
12 ئوخشاشلا ئادەم يېتىپ قالسىلا قايتىدىن تۇرمايدۇ؛
ئاسمانلار يوقىمىغۇچە، ئۇلار ئويغانمايدۇ، ئۇيقۇدىن تۇرمايدۇ.
13 ئاھ، تەھتىساراغا مېنى يوشۇرۇپ قويساڭ ئىدى،
غەزىپىڭ ئۆتۈپ كەتكۈچە مېنى مەخپىي ساقلاپ قويساڭ ئىدى،
مېنى ئېسىڭگە ئالىدىغان بىر ۋاقىت-سائەتنى ماڭا بېكىتىپ بەرسەڭ ئىدى!
14 ئادەم ئۆلسە، قايتا ياشامدۇ؟
شۇنداق بولسا ماڭا شۇنداق ئۆزگىرىش ۋاقتى كەلگۈچە،
مۇشۇ جاپاغا تولغان كۈنلىرىم ئۆتكۈچە، سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتەتتىم!
15 شۇنداق بولسا سەن مېنى چاقىرساڭ، جاۋاب بېرەتتىم؛
سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ياراتقىنىڭغا ئۈمىد-ئارزۇيۇڭ بولاتتى.

13:14 **«تەھتىسارا»** ــ ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ. يەنىلا 7-باب، 9-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

14:14 **«ئادەم ئۆلسە، قايتا ياشامدۇ؟ شۇنداق بولسا ... سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتەتتىم!»** ــ ئايۇپنىڭ ئىنساننىڭ ئۆلۈمدىن (يەنى تەھتىسارادىن) تىرىلىشى توغرىسىدا خەۋىرى يوق. بىراق ئۇ بۇنداق ئىش بولسىلا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى، ئۇنداق ئۈمىد ۋە سەۋر-تاقەت بىلەن خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى («شۇنداق ئۆزگىرىش»نى) كۈتەتتىم، دەيدۇ. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىلىشى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ (19-بابتا).

15:14 **«شۇنداق بولسا ... سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ياراتقىنىڭغا ئۈمىد-ئارزۇيۇڭ بولاتتى»** ــ ئايۇپ يەنىلا خۇدانىڭ ئۆزى تۆجۈپىلەپ ياراتقان ھەممە ئىنسانغا بولغان ئاجايىب ئۈمىد-

[16] بىراق سەن هازىر هەربىر دەسسىگەن قەدەملىرىمنى ساناپ،
گۇناھىمنى كۆزىتىۋاتىسەنغۇ!
[17] ئىتائەتسىزلىكىم خالتىغا سېلىنىپ پېچەتلەندى،
گۇناھلىرىمنى دۆۋە-دۆۋە قىلىپ ساقلاپ قويدۇڭ.
[18] دەرۋەقە تاغمۇ يىمىرىلىپ يوقالغاندەك،
تاش ئۆز ئورنىدىن تەۋرىنىپ كەتكەندەك،
[19] سۇلار تاش-شېغىللارنى ئۇپرىتىپ يوقاتقاندەك،
توپانلار زېمىندىكى توپىنى سۈپۈرۈپ كەتكەندەك،
سەن ئادەمنىڭ ئۈمىدىنى يوق قىلىسەن.
[20] سەن مەڭگۈگە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىسەن،
شۇڭا ئۇ دۇنيادىن كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ چىرايىنى تۇتۇلدۇرىسەن،
ئۇنى ئۆز يېنىڭدىن يىراق قىلىسەن.
[21] ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ، بىراق ئۇ بۇنى بىلمەيدۇ؛
ئۇلار پەس قىلىنىسىمۇ،
بىراق ئۇنىڭ بۇلاردىنمۇ خەۋىرى بولمايدۇ.
[22] ئۇ پەقەت ئۆز تېنىدىكى ئاغرىقىدىنلا ئازابلىنىدۇ،
ئۇ كۆڭلىدە ئۆزى ئۈچۈنلا ھەسرەت-نادامەت چېكىدۇ.

---

ئارزۇسىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
16:14 «**بىراق سەن هازىر هەربىر دەسسىگەن قەدەملىرىمنى ساناپ...**» — ياكى «چۈنكى سەن هازىر هەربىر دەسسىگەن قەدەملىرىمنى ساناپ...».
**16:14** ئايۇپ 4:31؛ 21:34؛ زەب. 8:56؛ 139:1-5؛ پەند. 21:5؛ يەر. 19:32
17:14 «**ئىتائەتسىزلىكىم خالتىغا سېلىنىپ پېچەتلەندى...**» — بەزى تەرجىمانلار ئايۇپنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى، خۇدا ئايۇپنىڭ گۇناھلىرىنى ياپقانىكەن، دەپ قارايدۇ. بىز ئەكسىچە، ئايۇپنىڭ مۇشۇ سۆزىنىڭ مەنىسىنى خۇدا ئۇنى تېخىمۇ ئەيىبلەش ئۈچۈن گۇناھلىرىنى دۆۋە-دۆۋە قىلىپ پېچەتلەپ ساقلاپ قويغان، دەپ چۈشىنىمىز.
22:14 «**ئۇ پەقەت ئۆز تېنىدىكى ئاغرىقىدىنلا ئازابلىنىدۇ، ... ھەسرەت-نادامەت چېكىدۇ**» — ئايۇپ مۇشۇ يەردە ئىنسان گۆرگە چۈشكەندىن كېيىن ئۆز تېنىنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قىينىلىدۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

## ئېلىفاز يەنە سۆزلەيدۇ ـ يامانلارنىڭ ئاقىۋىتى

15 [1] تېمانلىق ئېلىفاز بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: ـ
[2] دانىشمەن كىشىنىڭ قۇرۇق شامالدەك سەپسەتە بىلەن جاۋاب
بېرىشى توغرىمۇ؟
دانىشمەن قورسىقىنى ئىسسىق مەشرىق شامىلى بىلەن تويغۇزسا
بولامدۇ؟
[3] پايدىسىز سۆزلەر بىلەن،
تايىنى يوق گەپلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشى مۇۋاپىقمۇ؟
[4] بەرھەق، سەن ئىمان-ئىخلاسنى يوق قىلىۋەتمەكچىسەن،
خۇدانىڭ ئالدىدا دۇئا-ئىستىقامەتكە توسالغۇ بولىسەن.
[5] چۈنكى قەبىھلىكىڭ ئاغزىڭغا سۆز سالىدۇ،
سەن مەككارلارنىڭ تىلىنى تاللاپ قوللىنىسەن.
[6] مەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاغزىڭ ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىڭنى بېكىتىدۇ،
ئۆز لەۋلىرىڭ ساڭا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ.
[7] سەن ئىنسانلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ تۇغۇلغانمۇ؟
سەن تاغ-داۋانلاردىن ئاۋۋال ئاپىرىدە بولغانمۇ؟
[8] تەڭرىنىڭ مەخپىي كېڭەشىنى ئاڭلاپ كەلگەنمۇسەن؟
دانالىق سەن بىلەنلا چەكلىنەمدۇ؟
[9] سەن بىلگەنلەرنى بىزنىڭ بىلمەيدىغانلىرىمىز بارمۇ؟
سەن چۈشەنگەننى بىزنىڭ چۈشەنمەيدىغىنىمىز بارمۇ؟
[10] ئاقساقاللار ھەم قېرىلار بىزنىڭ تەرىپىمىزدە تۇرىدۇ،

---

6:15 «ئۆز لەۋلىرىڭ ساڭا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ» ـ ئېلىفاز مۇشۇ يەردە ئايۇپنىڭ خۇدا ئالدىدا جازالانغان گۇناھى ھەم ھاكاۋۇرلۇقى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن قىلغان ئاچچىق ھەم ئۆتكۈر سۆزلىرىدە كۆرۈنىدۇ، دېمەكچى. بىراق ئېلىفاز بىلەن ئىككى دوستىنىڭ ئايۇپنىڭ ئاغزىدىن چىققان شۇ ئاچچىق ئۆتكۈر سۆزلەرگە مەسئۇلىيىتى بار.

8:15 رىم. 34:11

ئۇلار سىنىڭ ئاتاڭدىنمۇ ياشتا چوڭدۇر.
11 تەڭرىنىڭ تەسەللىلىرى،
يەنى ساڭا مۇلايىملىق بىلەن ئېيتقان مۇشۇ سۆز سەن ئۈچۈن ئازلىق قىلامدۇ؟
12 نېمىشقا كۆڭلۈڭنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىسەن؟
كۆزۈڭنى نېمىگە پارقىرىتىسەن؟
13 شۇنداق قىلىپ سەن روھىڭنى تەڭرىگە قارشى تۇرغۇزدۇڭ،
ئېغىزىڭدىن شۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىشىغا يول قويۇۋاتىسەن!
14 ئىنسان نېمە ئىدى؟ ئۆز-ئۆزىنى پاكلىيالىغۇدەك؟
ئاندىن تۇغۇلغان ئادەم بالىسى نېمە ئىدى؟ ھەققانىي بولالىغۇدەك؟
15 قارا، خۇدا ئۆز مۇقەددەسلىرىگىمۇ ئىشەنمىگەن يەردە،
ئاسمانلارمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە پاك بولمىغان يەردە،
16 يىرگىنچلىك بولغان، سېسىپ كەتكەن،
قەبىھلىكنى سۇ ئىچكەندەك ئىچىدىغان ئىنسان بالىسى زادى قانداق بولار؟
17 مەن ساڭا كۆرسىتەي، ماڭا قۇلاق سال؛
كۆزۈم كۆرگەننى بايان قىلماقچىمەن.
18 دانىشمەنلەر ئاتا-بوۋىلىرىدىن بۇلارنى ئاڭلىغان،
يوشۇرماي بۇلارنى بايان قىلغان: ــ

---

10:15 **«ئاقساقاللار ھەم قېرىلار بىزنىڭ تەرىپىمىزدە تۇرىدۇ...»** ــ ئېلىفاز ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كۆزقارىشىنى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش دەپ قاراۋاتىدۇ.

**10:15** ئايۇپ 7:32

**14:15** 1پاد. 46:8؛ 2تار. 36:6؛ ئايۇپ 4:14؛ زەب. 2:14-3؛ 5:51؛ پەند. 9:20؛ توپ. 20:7؛ 1يۇھ. 8،10:1

15:15 **«قارا، خۇدا ئۆز مۇقەددەسلىرىگىمۇ ئىشەنمىگەن يەردە...»** ــ مۇشۇ يەردىكى «مۇقەددەسلەر» خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئېلىفاز يامان روھنىڭ ئەسلىدە ئۆزىنىڭغا دېگەن گەپلىرىگە (4:15-21) ئىشىنىپ، قايتىلايدۇ.

**15:15** ئايۇپ 18:4؛ 5:25

16:15 **«قەبىھلىكنى سۇ ئىچكەندەك ئىچكەن بىر ئادەم»** ــ مۇشۇ گەپ، شۈبھىسىزكى، ئايۇپنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

19 (پەقەت شۇلارغىلا، يەنى ئاتا-بوۋىلىرىغىلا يەر-زېمىن تاپشۇرۇلغاندى،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يات ئادەم ئۆتۈشكە پېتىنالمايتتى)
20 ــ رەزىل ئادەم بارلىق كۈنلىرىدە ئازابلىنىدۇ،
زالىم كىشىگە يىللار ساناقلىقلا بېكىتىلگەندۇر.
21 ئۇنىڭ قۇلىقىغا ۋەھىمىلەرنىڭ ئاۋازى كىرىدۇ،
باياشاتلىقىدا بۇلاڭچى ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ چۈشىدۇ.
22 قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇشقا ئۇنىڭ كۆزى يەتمەيدۇ،
ئۇ قىلىچ بىلەن چېپىلىشقا ساقلانغاندۇر.
23 ئۇ ئاش ئىزدەپ: «زادى نەدىن تاپىمەن؟» دەپ يولدا تېنەپ يۈرىدۇ،
ئۇ زۇلمەت كۈنىنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلىدۇ.
24 دەرد-ئەلەم ھەم ئازاب ئۇنىڭغا ۋەھىمە قىلىدۇ،
ھۇجۇمغا تەييار بولغان پادىشاھتەك ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.
25 چۈنكى ئۇ تەڭرىگە قارشى قولىنى كۆتۈرگەن،
ھەممىگە قادىرغا كۈچ كۆرسەتمەكچى بولغان،
26 شۇڭا ئۇ بوينىنى قاتتىق قىلىپ،
كۆپ قەۋەتلىك قالقانىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىدۇ.
27 يۈزىنى ياغ باسقان بولسىمۇ، بېقىنلىرى سەمرىپ كەتكەن بولسىمۇ،

---

19:15 **«پەقەت شۇلارغىلا، يەنى ئاتا-بوۋىلىرىغىلا يەر-زېمىن تاپشۇرۇلغاندى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يات ئادەم ئۆتۈشكە پېتىنالمايتتى»** ــ ئېلىفاز بۇ سۆز بىلەن بۇ ئاتا-بوۋىلارنىڭ خۇدا ئالدىدا ھەققانىي بولغانلىقىنى، شۇڭا خۇدا ئۇلارنىڭ يەر-زېمىنىنى يات ئادەملەرنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىدىن قوغدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەدىنىيىتى ئۇرۇش-جېدەلنىڭ دەخلىگە ئۇچرىماي، تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ، بىلىمى پەللىگە يەتكەندى، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن.

20:15 **«رەزىل ئادەم بارلىق كۈنلىرىدە ئازابلىنىدۇ، زالىم كىشىگە يىللار ساناقلىقلا بېكىتىلگەندۇر»** ــ بۇ سۆز ھەم تۆۋەندىكى 35-ئايەتكىچە بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئايۇپقا بىۋاستە قارىتىلىپ دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

21:15 1تىم. 3:5

23:15 **«ئۇ ئاش ئىزدەپ: «زادى نەدىن تاپىمەن؟» دەپ يولدا تېنەپ يۈرىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ يولدىن تېنىپ كېتىپ، قورۇلتازلار ئۇچۇن يەم بولىدۇ».

23:15 ئايۇپ 12:18؛ زەب. 10:109

28 ئۇ خارابە شەھەرلەردە، ئادەم قونغۇسى كەلمەيدىغان،
كېسەك دۆۋىلىرى بولۇشقا بېكىتىلگەن ئۆيلەردە ياشايدۇ؛
29 ئۇ ھېچ بېيىمايدۇ،
ئۇنىڭ مال-مۈلكى بولسا ئۇزۇلۇپ قالىدۇ،
ئۇنىڭ تەئەللۇقاتلىرى زېمىن ئۈستىدە كېڭەيمەيدۇ.
30 ئۇ قاراڭغۇلۇقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ،
يالقۇن ئۇنىڭ شاخلىرىنى كۆيدۈرۈپ قۇرۇتىدۇ،
خۇدانىڭ بىر نەپەسى بىلەن ئۇ دۇنيادىن كېتىدۇ.
31 ئۇ ساختىلىققا تايانمىسۇن!
ئۇ ئالدىنىپ كەتكەن، شۇڭا ساختىلىقنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئىنئامى بولىدۇ؛
32 ئۇنىڭ كۈنى تېخى توشماي تۇرۇپلا،
ئۇنىڭ شېخى تېخى كۆكىرىپ بولمايلا، بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.
33 ئۈزۈم تېلى سىلكىنىپ، توك ئۈزۈملەر چۈشۈرۈۋېتىلگەندەك،
زەيتۇن دەرىخىنىڭ چېچەكلىرى ئېچىلىپلا تۆكۈلۈپ كەتكەندەك بولىدۇ.
34 چۈنكى ئىپلاسلارنىڭ جەمەتى تۇغماس بولىدۇ،
ئوت پارا يېگەنلەرنىڭ چېدىرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.
35 بىراق ئۇلار ھەردائىم يامانلىقنى ئويلاپ، قەبىھلىك تۇغدۇرىدۇ،
كۆڭلىدە ھامان ھىيلە-مىكىر تەييارلايدۇ.

---

28:15 **«ئۇ خارابە شەھەرلەردە... كېسەك دۆۋىلىرى بولۇشقا بېكىتىلگەن ئۆيلەردە ياشايدۇ»** — قەدىمدە بەزى شەھەرلەر خۇدانىڭ لەنىتى بىلەن ۋەيران بولغان بولۇپ، خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان بۇ جايلاردا ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇلارنى قايتىدىن قۇرۇپ ئۇ يەردە ئولتۇراقلىششقا پېتىنالمايتتى. بىراق (ئېلىفازنىڭ دېيىشىچە) بۇ رەزىل كىشىلەر (جۈملىدىن ئايۇپنىڭ ئۆزى؟) خۇدادىن قورقماي ئۇنداق يەرلەردە تۇرۇشتىن باش تارتمايتتى.

30:15 **«خۇدانىڭ بىر نەپەسى بىلەن ئۇ دۇنيادىن كېتىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ بىر نەپەسى بىلەن ئۇ دۇنيادىن كېتىدۇ».

**32:15** ئايۇپ 16:22؛ زەب. 23:55.

33:15 **«ئۈزۈم تېلى سىلكىنىپ، توك ئۈزۈملەر چۈشۈرۈۋېتىلگەندەك...»** — ئادەتتە ئۈزۈم تېلى پىشمىغان ئۈزۈملىرىنى تاشلىمايدۇ. بىراق ئېلىفاز شۇ ئوخشىتىشى بىلەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىشلىرى تېخى ھېچ پىشمىغان بولۇپ بىكارغا كېتىدۇ، دېمەكچى.

**35:15** زەب. 14:7؛ يەش. 4:59؛ ھوش. 13:10

## ئايۇپ يەنە جاۋاب بېرىدۇ ـ ئەرشتە تۇرىدىغان گۇۋاھچى

16 [1] ئاندىن ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ـ
[2] مەن مۇشۇنداق گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغانمەن؛
سىلەر ھەممىڭلار ئازاب يەتكۈزىدىغان ئاجايىب تەسەللى بەرگۈچى
ئىكەنسىلەر-ھە!
[3] مۇنداق ۋاتىلداپ قىلغان گەپلىرىڭلارنىڭ چېكى بارمۇ؟
سىلەرگە مۇنداق جاۋاب بېرىشكە زادى نېمە قۇترىتقۇلۇق قىلدى؟
[4] خالىساملا ئۆزۈم سىلەرگە ئوخشاش سۆز قىلالايتتىم؛
سىلەر مېنىڭ ئورنۇمدا بولىدىغان بولساڭلار،
مەنمۇ سۆزلەرنى باغلاشتۇرۇپ ئېيتىپ، سىلەرگە زەربە قىلالايتتىم،
بېشىمنىمۇ سىلەرگە قارىتىپ چايقىيالايتتىم!
[5] ھالبۇكى، مەن ئەكسىچە ئاغزىم بىلەن سىلەرنى رىغبەتلەندۈرەتتىم،
لەۋلىرىمنىڭ تەسەللىسى سىلەرگە دورا-دەرمان بولاتتى.
[6] لېكىن مېنىڭ سۆزلىشىم بىلەن ئازابىم ئازايمايدۇ؛
ياكى گېپىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋالساممۇ، ماڭا نېمە ئارامچىلىق بولسۇن؟
[7] بىراق ئۇ مېنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى؛
شۇنداق، سەن پۈتكۈل ئائىلەمنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭ!
[8] سەن مېنى قاماللىدىڭ!
شۇنىڭ بىلەن ئەھۋالىم ماڭا گۇۋاھلىق قىلماقتا؛
مېنىڭ ئورۇق-قاقشال بەدىنىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ
گۇۋاھلىق قىلىدۇ!
[9] ئۇنىڭ غەزىپى مېنى تىتما قىلىپ،

2:16 ئايۇپ 4:13
7:16 «بىراق ئۇ مېنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى؛ شۇنداق، سەن پۈتكۈل ئائىلەمنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭ!» ــ 8- ۋە 9-ئايەتتىكى «ئۇ» ۋە «سەن» خۇدانى كۆرسىتىدۇ.
8:16 «سەن مېنى قاماللىدىڭ!» ــ ياكى: «سەن مېنى قۇرۇتۇۋەتتىڭ!». «شۇنىڭ بىلەن ئەھۋالىم ماڭا گۇۋاھلىق قىلماقتا!» ــ ئايۇپنىڭ شۇ بېچارە ئەھۋالى: «سەن چوقۇم ئېغىر بىر گۇناھ قىلغانسەن، بولمىسا بۇ كۈلپەت بېشىڭغا چۈشمىگەن بولاتتى» دەپ ئۆزىگە گۇۋاھلىق قىلغاندەك قىلىدۇ.

مېنى ئوۋ ئولجىسى قىلىدۇ؛
ئۇ ماڭا قاراپ چىشىنى غۇچۇرلىتىدۇ؛
مېنىڭ دۈشمىنىمدەك كۆزىنى ئالايتىپ ماڭا تىكىدۇ.
10 ئادەملەر ماڭا قاراپ مازاق قىلىشىپ ئاغزىنى ئاچىدۇ؛
ئۇلار نەپرەت بىلەن مەڭزىمگە كاچاتلايدۇ؛
ماڭا ھۇجۇم قىلاي دەپ سەپ تۈزىدۇ.
11 خۇدا مېنى ئەسكىلەرگە تاپشۇرغان؛
مېنى رەزىللەرنىڭ قولىغا تاشلىۋەتكەنىكەن.
12 ئەسلىدە مەن تىنچ-ئامانلىقتا تۇراتتىم، بىراق ئۇ مېنى پاچاقلىدى؛
ئۇ بوينۇمدىن سىلكىپ بىتچىت قىلىۋەتتى،
مېنى ئۆز نىشانى قىلغانىكەن.
13 ئۇنىڭ ئوقياچىلىرى مېنى قاپسىۋالدى؛
ھېچ ئايىماي ئۇ ئۈچەي-باغرىمنى يېرىپ،
ئۆتۈمنى يەرگە تۆكۈۋەتتى.
14 ئۇ ئۇ يەر-بۇ يېرىمگە ئۈستى-ئۈستىلەپ زەخىم قىلىپ بۆسۈپ كىرىدۇ؛
ئۇ پالۋاندەك ماڭا قاراپ ئېتىلىدۇ.
15 تېرەمنىڭ ئۈستىگە بۆز رەخت تىكىپ قويدۇم؛
ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىمنى توپا-چاڭغا سېلىپ قويدۇم.

---

9:16 **«ئۇنىڭ غەزىپى مېنى تىتما قىلىپ،...»** ــ ياكى «ئۇ تۇمشۇقى بىلەن مېنى تىتما قىلىپ،...». مۇشۇ يەردە ئايۇپ خۇدانى ئۆزىگە يىرتقۇچ ھايۋاندەك زەربە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئېيتماقچى.

**9:16** ئايۇپ 17:10، 16؛ 24:13

**12:16** ئايۇپ 20:7؛ يىغ. 12:3

15:16 **«تېرەمنىڭ ئۈستىگە بۆز رەخت تىكىپ قويدۇم؛ ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىمنى توپا-چاڭغا سېلىپ قويدۇم»** ــ بۇ ئايەتتىكى «بۆز رەخت» قەدىمكى زامانلاردا ئادەمنىڭ قاتتىق ماتەم تۇتۇش، پۇشايمان قىلىش ياكى توۋا قىلىشنىمۇ ئىپادىلەيتتى. مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، «ماتەم تۇتۇش»نى بىلدۈرمەكچى.
—«ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىمنى توپا-چاڭغا سېلىپ قويدۇم» دېگىنى ئىبرانىي تىلىدا «مۈڭگۈزۈمنى توپا-چاڭغا سېلىپ قويدۇم» دېگەنلىكتۇر. كالىنىڭ ياكى بۇقىنىڭ مۈڭگۈزى ئادەمنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەم ئابرۇيىنىڭ سىمۋولى بولىدۇ.

**15:16** ئايۇپ 19:30

17-16 گەرچە قولۇمدا ھېچقانداق زوراۋانلىق بولمىسىمۇ،
دۇئايىم چىن دىلىمدىن بولغان بولسىمۇ،
يۈزۈم يىغا-زارىدىن قىزىرىپ كەتتى؛
قاپاقلىرىمنى ئۆلۈم سايىسى باستى.
18 ئاھ، يەر-زېمىن، قېنىمنى ياپمىغىن!
نالە-پەريادىم توختايدىغانغا جاي بولمىغاي!
19 بىراق مانا، ئاسمانلاردا ھازىرمۇ ماڭا شاھىت بولغۇچى بار!
ئەرشلەردە ماڭا كاپالەت بولغۇچى بار!
20 ئۆز دوستلىرىم مېنى مازاق قىلغىنى بىلەن،
بىراق كۆزۈم تېخىچە تەڭرىگە ياش تۆكمەكتە.
21 ئاھ، ئىنسان بالىسى دوستى ئۈچۈن كېلىشتۈرگۈچى بولغاندەك،
تەڭرى بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىشتۈرگۈچى بولسىدى!
22 چۈنكى يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتۈشى بىلەنلا،
مەن بارسا قايتماس يولدا مېڭىپ قالىمەن.

---

17-16:16 «قاپاقلىرىمنى ئۆلۈم سايىسى باستى» ــ ياكى «زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇق سايىسى باستى»
18:16 «نالە-پەريادىم توختايدىغانغا جاي بولمىغاي!» ــ دېمەك، «ئىجابەت بولمىغۇچە پەريادىم ھەردائىم ھەم خۇداغا ھەم ئادەملەرگە ئاۋارىچىلىك بولسۇن».
20:16 «ئۆز دوستلىرىم مېنى مازاق قىلغىنى بىلەن...» ــ ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى، «ماڭا ۋاكالەت بولغۇچى مېنىڭ دوستۇم ئىكەن».
21:16 «ئاھ، ئىنسان بالىسى دوستى ئۈچۈن .... كېلىشتۈرگۈچى بولسىدى!» ــ پۈتكۈل ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئاھ، ئىنسانوغلى دوستى ئۈچۈن كېلىشتۈرگۈچى بولغاندەك، تەڭرى بىلەن ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىشتۈرگۈچى كۈچلۈك بىرسى بولسىدى!». بۇ تەرجىمىسى توغرا بولسا، شۈبھىسىزكى مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.
21:16 ئايۇپ 35:31؛ توپ. 10:6؛ يەش. 9:45؛ رىم. 20:9
22:16 «يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتۈشى بىلەنلا، مەن بارسا قايتماس يولدا مېڭىپ قالىمەن» ــ ئايۇپ بەزىدە «بۇ دۇنيادىن پات ئارىدا كېتىمەن» دەپ، بەزىدە «بىرنەچچە يىل ئازابلار مېنى كۈتىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئۇ بىرىنچى ئىمكانىيەتنى نىسبەتەن ياخشى دەپ قارايدۇ، ئەلۋەتتە.

17
1 مېنىڭ روھىم سۇنۇق،
كۈنلىرىم تۈگەي دەيدۇ،
گۆرلەر مېنى كۈتمەكتە.
2 ئەتراپىمدا ئالدامچى مازاق قىلغۇچىلار بار ئەمەسمۇ؟
كۆزۈمنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىتقۇلۇقىغا تىكىلىپ تۇرۇشتىن باشقا ئامالى يوقتۇر.
3 ئاھ، جېنىم ئۇچۇن ئۆزۈڭ خالىغان كاپالەتنى ئېلىپ ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدا ماڭا بورۇن بولغايسەن؛
سەندىن باشقا كىم مېنى قوللاپ بورۇن بولسۇن؟
4 چۈنكى سەن دوستلىرىمنىڭ كۆڭلىنى يورۇقلۇقتىن قالدۇرغانسەن؛

1:17 **«مېنىڭ روھىم سۇنۇق»** ــ ياكى «نەپسىم سىقىلىپ كەتتى».
3:17 **«ئاھ، جېنىم ئۇچۇن ئۆزۈڭ خالىغان كاپالەتنى ئېلىپ ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدا ماڭا بورۇن بولغايسەن»** ــ بۇ سۆزلەر خۇداغا ئېيتىلغان، ئەلۋەتتە.
—«بورۇن» (كېپىل بولغۇچى) ــ قەدىمكى زامانلاردا، بىرسى مەلۇم بىر ئىشتا ئەيىبلەنگۈچى بولسا، سوتچى ھۆكۈم قىلغۇچە ئەيىبلەنگۈچى ۋاقتلىق ئەركىن بولالمايدۇ، بەلكى قاماپ قويۇلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ مەلۇم بىر دوستى ئۇنىڭغا كاپالەت بېرىشكە رازى بولسا، ئەيىبلەنگۈچى ئەركىن يۈرۈۋېرىسە بولىدۇ. كاپالەت بەرگۈچى ئۇنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىگە تولۇق كاپالەت بەرگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر قېچىپ كەتسە ئۇنىڭ ئورنىدا ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولىدۇ؛ ئاندىن ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن (ئۆز دوستى گۇناھكار دەپ ھېسابلانغان بولسا) دوستىنىڭ ئورنىدا تېگىشلىك جازانى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. كاپالەت بەرگۈچى بولسا ھۆرمەتكە سازاۋەر، جامائەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئايۇپ مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھەم دوستلىرى تەرىپىدىن ھەم خۇدا تەرىپىدىن ئەيىبلەنگۈچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ: «خۇدا، سەن مېنى بۇ ئىشلاردا ئەيىبلىگۈدەك يېرى يوق دەپ بىلسەڭ، شۇڭا مەن ئۈچۈن كاپالەپ بولالامسەن؟» ــ دېگەندەك جاسارەتلىك دۇئا قىلىدۇ.
—(بەزى ئالىملار بۇ سۆزنىڭ باشقا بىر چۈشەنچىسى بار دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئايۇپ 2-ئايەتتە: ــ «ئەتراپىمدىكىلەر ئالدامچى، مازاق قىلغۇچىلار بولمىسا ئايۇپ بولماي كېتەي! كۆزۈمنىڭ... ئامالى يوقتۇر» دېگەن قەسەمنى ئىچىدۇ؛ 3-ئايەتتە ئۇ خۇدادىن بۇ قەسەمنى ئادا قىلىشقا (كىمنىڭ توغرا بولسا ئۇنى ئاقلاش، كىمنىڭ خاتا بولسا ئۇنى جازالاشقا) كاپالەتچى ھەم گۇۋاھچى بولۇشنى ئۆتۈنىدۇ، ئاندىن 4-ئايەتتە (شۇ ئالىملارنىڭ پىكرىچە) ئۇ ئىلتىجاسىنىڭ خۇدا تەرىپىدىن بېجىرىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ: «چۈنكى سەن دوستلىرىمنىڭ كۆڭلىنى يورۇقلۇقتىن قالدۇرغانسەن؛ شۇڭا سەن ئۇلارنى غەلىبىدىنمۇ مەھرۇم قىلمىساڭ بولمايدۇ!» ــ دېگەندەك).
**3:17** 2كور. 19:5

شۇڭا سەن ئۇلارنى غەلىبىدىنمۇ مەھرۇم قىلىسەن!
5 غەنىيمەت ئالاي دەپ دوستلىرىغا پەشۋا ئاتقان كىشىنىڭ بولسا،
ھەتتا بالىلىرىنىڭ كۆزلىرىمۇ كور بولىدۇ.
6 ئۇ مېنى ئەل-يۇرتلارنىڭ ئالدىدا سۆز-چۆچەككە قويدى؛
مەن كىشىلەر يۈزۈمگە تۈكۈرىدىغان ئادەم بولۇپ قالدىم.
7 دەرد-ئەلەمدىن كۆزۈم تورلىشىپ كەتتى،
بارلىق ئەزالىرىم كۆلەڭگىدەك بولۇپ قالدى.
8 بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ دۇرۇسلار ھەيرانۇھەس بولىدۇ؛
بىگۇناھلار ئىپلاسلارغا قارشى تۇرۇشقا قوزغىلىدۇ.
9 بىراق ھەققانىي ئادەم ئۆز يولىدا چىڭ تۇرىدۇ،
قولى پاك يۈرىدىغان ئادەمنىڭ كۈچى توختاۋسىز ئۇلغىيىدۇ.
10 ئەمدى قېنى، ھەممىڭلار، يەنە كېلىڭلار؛
ئاراڭلاردىن بىرمۇ دانا ئادەم تاپالمايمەن.
11 كۈنلىرىم ئاخىرلىشاي دەپ قاپتۇ،
مۇددىئالىرىم، كۆڭلۈمدىكى ئىنتىزارلار ئۈزۈلدى.
12 بۇ ئادەملەر كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرماقچى؛
ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا قاراپ: «نۇر يېقىنلىشىۋاتىدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ.
13 ئەگەر كۈتسەم، ئۆيۈم تەھتىسارا بولىدۇ؛

---

**6:17** ئايۇپ 9:30

**9:17** «... **قولى پاك يۈرىدىغان ئادەمنىڭ كۈچى توختاۋسىز ئۇلغىيىدۇ**» — ئايۇپنىڭ ئېتىقادى يەنىلا ئۇرغۇپ تېشىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ يەردە ئۇ خۇدانىڭ ئۆز دۈشمىنى بولۇپ چىققانلىقىنى ھېس قىلغىنى بىلەن، قانداقلا بولمىسۇن ئۆزىنىڭ ھەققانىي يولدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خۇدا ئاخىردا ھەممە ئىشلىرىمنى ئوڭشايدۇ، دەپ بېشارەت بېرىدۇ.

**10:17** ئايۇپ 29:6

**11:17** ئايۇپ 6:7؛ 25:9

**12:17** «**بۇ ئادەملەر كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرماقچى؛ ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا قاراپ: «نۇر يېقىنلىشىۋاتىدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ**» — ئايۇپ دوستلىرىمنى ھەقىقەتنى يورمىلاپ، ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دەۋاتىدۇ، شۇنداقلا ماڭا قۇرۇق ئۈمىدلەرنى («نۇر يېقىنلىشىدۇ!» دەپ) يەتكۈزمەكچى، دەيدۇ.

مەن قاراڭغۇلۇقتا ئورنۇمنى راسلايمەن.
14 «چىرىپ كېتىشنى: «سەن مېنىڭ ئاتام!»،
قۇرتلارنى: «ئاپا! ئاچا!» دەپ چاقىرىمەن!
15 ئۇنداقتا ئۈمىدىم نەدە؟
شۇنداق، ئۈمىدىمنى كىم كۆرەلىسۇن؟
16 ئۈمىدىم تەھتىسارانىڭ تۆمۈر پەنجىرىلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ!
بىز بىرلىكتە توپىغا كىرىپ كېتىمىز!

## بىلدادمۇ «يامانلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى» توغرۇلۇق سۆز قىلىدۇ

18 1 شۇخالىق بىلداد جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
2 سەندەك ئادەملەر قاچانغىچە مۇنداق سۆزلەرنى توختاتمايسىلەر؟
سىلەر ئوبدان ئويلاپ بېقىڭلار، ئاندىن بىز سۆز قىلىمىز.
3 بىز نېمىشقا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ھايۋانلار ھېسابلىنىمىز؟
نېمىشقا ئالدىڭلاردا ئەخمەق تونۇلىمىز؟

---

13:17 **«تەھتىسارا»** ــ 7-باب، 9-ئايەت ۋە شۇ ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
14:17 **«مېنىڭ ئاتام!»** ــ بۇ ئىبارىنىڭ قەدىمدە «بېگىم!» «تەقسىر!» دېگەن مەنىسىمۇ بار ئىدى.
16:17 **«تەھتىسارا»** ــ 7-باب، 9-ئايەت ۋە شۇ ئايەتنىڭ ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. **«ئۈمىدىم تەھتىسارانىڭ تۆمۈر پەنجىرىلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ! بىز بىرلىكتە توپىغا كىرىپ كېتىمىز!»** ــ بۇ جۈملىنىڭ سوئال جۈملە شەكلىدە قىلىنغان تەرجىمىسىمۇ ئۇچرايدۇ: «ئۈمىدىم تەھتىسارانىڭ تۆمۈر پەنجىرىلىرى ئىچىگە چۈشۈپ قالارمۇ؟ بىز بىرلىكتە توپىغا كىرىپ كېتەرمىزمۇ؟».
**16:17** ئايۇپ 3:19،18،17؛ 30:24،23
3:18 **«بىز نېمىشقا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ھايۋانلار ھېسابلىنىمىز؟»** ــ «سىلەر» دېگەن سۆزگە قارىغاندا، بىلدادنىڭ بۇ سۆزىنىڭ پەقەت ئايۇپقىلا قىلىنغان ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا گەپ ئاڭلىغۇچىلاردىن بەزىلەر ئايۇپنىڭ جاسارەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قول قويدىمۇ-يا؟

4 ھەي ئۆزۈڭنىڭ غەزىپىدە ئۆزۈڭنى يىرتقۇچى، سېنى دەپلا يەر-زېمىن تاشلىۋېتىلەمدۇ؟!
تاغ-تاشلار ئۆز ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەمدۇ؟!
5 قانداقلا بولمىسۇن، يامان ئادەمنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلىدۇ،
ئۇنىڭ ئوت-ئۇچقۇنلىرى يالقۇنلىمايدۇ.
6 چېدىرىدىكى نۇر قاراڭغۇلۇققا ئايلىنىدۇ،
ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاسقان چىرىغى ئۆچۈرۈلىدۇ.
7 ئۇنىڭ مەزمۇت قەدەملىرى قىسىلىدۇ،
ئۆزىنىڭ نەسىھەتلىرى ئۆزىنى موللاق ئاتقۇزىدۇ.
8 چۈنكى ئۆز پۇتلىرى ئۆزىنى تورغا ئەۋەتىدۇ،
ئۇ دەل تورنىڭ ئۇستىگە دەسسەيدىغان بولىدۇ.
9 قىلتاق ئۇنى تاپىنىدىن ئىلىۋالىدۇ،
تۇزاق ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ.
10 يەردە ئۇنى كۈتىدىغان يوشۇرۇن ئارغامچا بار،
يولىدا ئۇنى تۇتماقچى بولغان بىر قاپقان بار.
11 ئۇنى ھەر تەرەپتىن ۋەھىمىلەر بېسىپ قورقۇتۇۋاتىدۇ،
ھەم ئۇلار ئۇنى ئىز قوغلاپ قوغلاۋاتىدۇ.
12 ماغدۇرىنى ئاچارچىلىق يەپ تۈگەتتى؛

---

4:18 **«ھەي ئۆزۈڭنىڭ غەزىپىدە ئۆزۈڭنى يىرتقۇچى، سېنى دەپلا ... تاغ-تاشلار ئۆز ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەمدۇ؟!»** — ئايۇپ 16-باب، 9-ئايەتتە، «ئۇ (خۇدا)نىڭ غەزىپى مېنى تىتما قىلدى» دېگەن. بىلداد، شۈبھىسىزكى، بۇ گەپنى مازاق قىلىپ: «سېنىڭ يىرتىلىشىڭ خۇدانىڭ غەزىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز-ئۆزۈڭنىڭ غەزىپى بىلەندۇر» دېمەكچى.
—بىلداد يەنە خۇدا ئىنساندىن ئۇلۇغ ھەم ئالىي بولغاچقا، ئايۇپ ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشاي، ھۇزۇرىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەي دەپ ئۆز ئەقلىدىن ئاداشقان، دەپ مازاق قىلىدۇ — دېمەك، بىلداد «ئىنساننىڭ خۇدا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشى، كۆرۈشۈشى زادى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن كۆزقاراشتا بولىدۇ. بىراق ئايۇپ ئاخىرىدا ھەقىقەتەن خۇدا بىلەن كۆرۈشىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز ئايۇپنى خۇدانى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى دەپ بىلگەن كىشى، دەپ كۆرەلەيمىز (4:29).

**4:18** ئايۇپ 14:13؛ زەب. 6:113؛ يەش. 10:54؛ مات. 10:29-31؛ رىم. 32:8

**9:18** ئايۇپ 5:5

**11:18** ئايۇپ 21:15؛ يەر. 25:6؛ 5:46؛ 29:49

پالاكەت ئۇنىڭ يېنىدا پايلاپ يۈرىدۇ.
13 ئۆلۈمنىڭ چوڭ بالىسى ئۇنىڭ تېرىسىنى يەۋاتىدۇ؛
ئۇنىڭ ئەزالىرىنى شورايدۇ.
14 ئۇ ئۆز چېدىرىدىكى ئامانلىقتىن يۇلۇپ تاشلىنىدۇ،
ئۆلۈمنىڭ تۆنجىسى ئۇنى «ۋەھىمىلەرنىڭ پادىشاھى»نىڭ ئالدىغا
يالاپ ئاپىرىدۇ.
15 ئۆيىدىكىلەر ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئۇنىڭ چېدىرىدا تۇرىدۇ؛
تۇرالغۇسىنىڭ ئۈستىگە گۈڭگۈرت ياغدۇرۇلىدۇ.
16 ئۇنىڭ يىلتىزى تېگىدىن قۇرۇتۇلىدۇ؛
ئۈستىدىكى شاخلىرى كېسىلىدۇ.
17 ئۇنىڭ ئەسلىمىسىمۇ يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ
كېتىدۇ،
سىرتلاردا ئۇنىڭ نام-ئابرۇيى قالمايدۇ.
18 ئۇ يورۇقلۇقتىن قاراڭغۇلۇققا قوغلىۋېتىلگەن بولۇپ،
بۇ دۇنيادىن ھەيدىۋېتىلىدۇ.
19 ئەل-يۇرتتا ھېچقانداق پەرزەنتلىرى ياكى ئەۋلادلىرى قالمايدۇ،
ئۇ مۇساپىر بولۇپ تۇرغان يەرلەردىمۇ نەسلى قالمايدۇ.
20 ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر ئۇنىڭ كۈنىگە قاراپ ئالاقزادە بولىدۇ،
خۇددى ئالدىنقىلارمۇ چۆچۈپ كەتكەندەك.

---

12:18 **«ماغدۇرىنى ئاچارچىلىق يەپ تۈگەتتى»** — باشقا بىر خىل تەرجىمىسى «بالايىئاپەت ئۇنى يۇتۇۋېتىشكە ئاچكۆزلۈك بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ...»

**12:18** ئايۇپ 23:15

13:18 **«ئۆلۈمنىڭ چوڭ بالىسى»** — بەلكىم بىرخىل كېسەلنى (ئايۇپنىڭ كېسىلىنى؟) كۆرسىتىدۇ

**14:18** ئايۇپ 13:8، 14؛ 20:11؛ پەند. 28:10

15:18 **«باشقىلار ئۇنىڭ چېدىرىدا تۇرىدۇ»** — ياكى « ئوت ئۇنىڭ چېدىرىدا تۇرىدۇ».

17:18 **«سىرتلاردا...»** — ياكى: «يايلاقلاردا...» ياكى «دالادا...».

**17:18** زەب. 13:109؛ پەند. 7:10

**19:18** يەش. 22:14؛ يەر. 30:22

20:18 **«خۇددى ئالدىنقىلار چۆچۈپ كەتكەندەك»** — بىلداد ئېيتقان «ئالدىنقىلار»نىڭ ئۆز

[21] مانا، قەبرە ئادەمنىڭ ماكانلىرى شۇبھىسىز شۇنداق،
تەڭرىنى تونۇمايدىغان كىشىنىڭمۇ ئورنى چوقۇم شۇنداقتۇر.

## ئايۇپ يەنە سۆز قىلىدۇ: ــ «مەن خۇدانى كۆرىمەن!»

19 [1] ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
[2] «سىلەر قاچانغىچە جېنىمنى ئازابلىماقچىسىلەر،
قاچانغىچە مېنى سۆز بىلەن ئەزمەكچىسىلەر؟
[3] سىلەر مېنى ئون قېتىم خارلىدىڭلار؛
ماڭا ئۇۋال قىلىشقا نومۇس قىلمايسىلەر.
[4] ئەگەر مېنىڭ سەۋەنلىكىم بولسا،
مەن ئەمدى ئۇنىڭ دەردىنى تارتىمەن.
[5] ئەگەر سىلەر مېنىڭدىن ئۈستۈنلۈك تالاشماقچى بولساڭلار،
يۈزۈم ئالدىدا شەرم-ھايانى كۆرسىتىپ مېنى ئەيىبلىمەكچى بولساڭلار،
[6] ئەمدى بىلىپ قويۇڭلاركى، ماڭا ئۇۋال قىلغان تەڭرى ئىكەن،
ئۇ تورى بىلەن مېنى چىرماشتۇرۇپ تارتتى؛
[7] قارا، مەن نالە-پەرياد كۆتۈرۈپ «زورلاۋاتىدۇق!» دەپ ۋارقىرايمەن،
بىراق ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ؛
مەن ۋارقىرايمەن، بىراق ماڭا ئادالەت كەلمەيدۇ.
[8] ئۇ يولۇمنى مېنى ئۆتەلمىگۈدەك قىلىپ قاشا بىلەن توسۇپ قويدى،
قەدەملىرىمگە قاراڭغۇلۇق سالدى.

---

دەۋردىكى رەزىل ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.
ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەشرىقتىكىلەر ئۇنىڭ كۈنىگە قاراپ ئالاقزادە بولىدۇ، مەغرىبتىكىلەر ئۇنىڭ كۈنىگە قاراپ ئالاقزادە بولىدۇ، مەشرىقتىكىلەرمۇ چۆچۈپ كېتىدۇ».

21:18 **«مانا، قەبرە ئادەمنىڭ ماكانلىرى شۇبھىسىز شۇنداق، تەڭرىنى تونۇمايدىغان كىشىنىڭمۇ ئورنى چوقۇم شۇنداقتۇر»** ــ بىلدادنىڭ بۇ سۆزلىرىدە: «قەبرە ئادەم»، «تەڭرىنى تونۇمايدىغان كىشى» دېگىنى، «سەن ئايۇپتىن باشقا كىشى ئەمەس» دېمەكچى.

3:19 **«سىلەر مېنى ئون قېتىم خارلىدىڭلار»** ــ مۇشۇ يەردىكى «ئون قېتىم» دېگىنى «نۇرغۇن قېتىم»نىڭ بىرخىل ئىپادىسى.

9 ئۇ مەندىن شان-شەرىپىمنى مەھرۇم قىلدى،
بېشىمدىن تاجنى تارتىۋالدى.
10 ئۇ ماڭا ھەر تەرەپتىن بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، مەن تۈگەشتىم؛
ئۈمىدىمنى ئۇ دەرەخنى يۇلغاندەك يۇلۇۋالدى.
11 غەزىپىنى ماڭا قارىتىپ قوزغىدى،
مېنى ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ھېسابلىدى.
12 ئۇنىڭ قوشۇنلىرى سەپ تۈزۈپ ئاتلاندى،
پەلەمپەيلىرىنى ياساپ ماڭا ھۇجۇم قىلدى،
ئۇلار چېدىرىمنى قورشاۋغا ئېلىپ بارگاھ تىكىۋالدى.
13 ئۇ قېرىنداشلىرىمنى مەندىن نېرى قىلدى،
تونۇشلىرىمنىڭ مېھرىنى مەندىن ئۈزدى.
14 تۇغقانلىرىم مەندىن ياتلىشىپ كەتتى،
دوست-بۇرادەرلىرىم مېنى ئۇنۇتتى.
15 ئۆيۈمدە تۇرغان مۇساپىرلار، ھەتتا دېدەكلىرىممۇ مېنى يات ئادەم
دەپ ھېسابلايدۇ؛
ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن مۇساپىر بولۇپ قالدىم.
16 مەن چاكىرىمنى چاقىرسام، ئۇ ماڭا جاۋاب بەرمەيدۇ؛
شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئاغزىم بىلەن يېلىنىشىم كېرەك.
17 تىنىقىمدىن ئايالىمنىڭ قۇسقۇسى كېلىدۇ،
ئاكا-ئۇكىلىرىم سېسىقلىقىمدىن بىزار.

---

**11:19** ئايۇپ 24:13؛ 9:16؛ 10:33؛ يىغ. 5:2

**13:19** زەب. 31:11-12؛ 38:11-12؛ 69:8؛ 88:8، 18

15:19 **«ئۆيۈمدە تۇرغان مۇساپىرلار»** ــ ياكى «ئۆيۈمدىكى مېھمانلار». **«ھەتتا دېدەكلىرىممۇ مېنى يات ئادەم دەپ ھېسابلايدۇ»** ــ ئايۇپنىڭ ئۆيىدە تۇرغان مۇساپىرلار (بەلكىم ئەسلىدە ئۇنىڭ ھمايىسىگە ئېرىشىپ ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى بولغانلار) ھازىر ئۇنى يات ئادەم، مۇساپىر دەپ قارايدۇ.

16:19 **«مەن چاكىرىمنى چاقىرسام، ئۇ ماڭا جاۋاب بەرمەيدۇ؛ شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئاغزىم بىلەن يېلىنىشىم كېرەك»** ــ ئايۇپنىڭ ئەسلىدە چاكىرىغا بۇيرۇق بېرىش ئۈچۈن سۆز قىلىشى بەلكىم ھاجەتسىز ئىدى، ئۇنىڭ بىر ئىشارىسى ياكى قاراپ قويۇشى كۇپايە ئىدى.

17:19 **«ئاكا-ئۇكىلىرىم»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئانامنىڭ بالياتقۇسىدىكى ئوغۇللار». **«ئاكا-**

18 ھەتتا كىچىك باللار مېنى كەمسىتىدۇ؛
ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولسام، ئۇلار مېنى ھاقارەتلەيدۇ.
19 مېنىڭ سىرداش دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى مەندىن نەپرەتلىنىدۇ،
مەن سۆيگەنلەر مەندىن يۈز ئۆرىدى.
20 ئەت-تېرىلىرىم ئۇستىخانلىرىمغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ،
جېنىم قىل ئۇستىدە قالدى.
21 ئاھ، دوستلىرىم، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، ئىچىڭلار ئاغرىسۇن!
چۈنكى تەڭرىنىڭ قولى ماڭا كېلىپ تەگدى.
22 سىلەر نېمىشقا تەڭرىدەك ماڭا زىيانكەشلىك قىلىسىلەر؟
سىلەر نېمىشقا ئەتلىرىمگە شۇنچە تويمايسىلەر!

## قۇتقۇزغۇچى توغرۇلۇق بېشارەت

23 ئاھ، مېنىڭ سۆزلىرىم يېزىلسىدى!
ئۇلار بىر يازمىغا پۈتۈكلۈك بولغان بولاتتى!
24 ئۇلار تۆمۈر قەلەم بىلەن قوغۇشۇن ئىچىگە يېزىلسىدى!
ئەبەدلىئەبەد تاش ئۇستىگە ئويۇپ پۈتۈلگەن بولاتتى!
25 بىراق مەن شۇنى بىلىمەنكى، ئۆزۈمنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىم

**ئۈكىلىرىم سېپسىقلىقىمدىن بىزار»** ــ ياكى «ئاكا-ئۈكىلىرىم يېلىنىشلىرىمدىن بىزار».
**18:19** ئايۇپ 1:30
**19:19** زەب. 9:41؛ 55:12-14
20:19 **«جېنىم قىل ئۇستىدە قالدى»** ــ ئىبرانىي تىلىنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلساق: «جېنىم چىشلىرىمنىڭ تېرىسىنىڭ ئۇستىدىلا قالدى».
**20:19** ئايۇپ 30:30؛ زەب. 5:102؛ يىغ. 8:4
22:19 **«سىلەر نېمىشقا ئەتلىرىمگە شۇنچە تويمايسىلەر!»** ــ ئەرەبلەر (ۋە بەلكىم ئىبرانىيلار) بەزىدە «ئادەمنىڭ ئېتىنى يېيىش» دېگەننى «ئادەمگە تۆھمەت چاپلاش» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىدۇ. ئايۇپنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ ئازابلىرىنى ئاز دەپ، ئۇنىڭ ئازابلىرىغا يەنە «خۇدا سېنى تاشلىۋەتتى» دېگەن ۋەھىمىنى ئارتىپ قويغان.
24:19 **«ئاھ، مېنىڭ سۆزلىرىم يېزىلسىدى! ... ... ئەبەدلىئەبەد تاش ئۇستىگە ئويۇپ پۈتۈلگەن بولاتتى!»** ــ ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى (23-24-ئايەت) ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بىز ھازىر ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابىغا پۈتۈكلۈك سۆزلىرىنى ئوقۇۋاتىمىز (باشقا خىل تەرجىمىسى ئۇچرىشى مۇمكىن).

**ھاياتتۇر،**
**ئۇ ئاخىرەت كۈنىدە يەر يۈزىدە تۇرۇپ تۇرىدۇ!**
26 **ھەم مېنىڭ بۇ تېرە-ئەتلىرىم بۇزۇلغاندىن كېيىن،**
**مەن يەنىلا تېنىمدە تۇرۇپ تەڭرىنى كۆرىمەن!**
27 **ئۇنى ئۆزۈملا ئەينى ھالدا كۆرىمەن،**
**باشقا ئادەمنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ كۆزى بىلەن قارايمەن؛**
**ئاھ، قەلبىم بۇنىڭغا شۇنچە ئىنتىزاردۇر!**
28 **ئەگەر سىلەر: «ئىشنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭدىدۇر،**

---

25:19 **«ئۆزۈمنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىم ھاياتتۇر»** — ئايۇپ ئەسلىدە 9-بابتا خۇدا ھەم ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگۈچى بىر «ئەلچى» ياكى «ئارىچى» بولسا ئىدى، دېگەن ئىنتىزارنى بىلدۈردى. ئۇ ھازىر بۇ يەردە ئۆزىنىڭ مۇنداق بىر «كېلىشتۈرگۈچى»سىنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى جاكارلايدۇ؛ ئىبرانىي تىلىدا «گوئېل» («ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى») دېگەن بۇ سۆز، ئادەتتە بىرسى مەلۇم ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭغا تۇغقانچىلىق (ھەمجەمەتلىك) قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن «بەدەل تۆلەيدىغان قۇتقۇزغۇچى تۇغقىنى»نى بىلدۈرىدۇ. بۇ قۇتقۇزغۇچى-نىجاتكارنىڭ بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا: — ئۇ كەلگۈسىدە ئۆز كۆزى بىلەن خۇداسىنى كۆرەلەيدۇ ھەمدە شۇ چاغدا خۇدا ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەنلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ بايان ئىنتايىن ھەيران قالارلىق، ھەم بەزى جەھەتلەردىن ئايۇپنىڭ بايانلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى سۈپىتىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.
—«گوئېل» توغرۇلۇق يەنە «رۇت»تىكى «كىرىش سۆز» ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
**«ئۇ ئاخىرەت كۈنىدە يەر يۈزىدە تۇرۇپ تۇرىدۇ!»** — ياكى: «ئۇ ئاخىرقى بولغۇچى بولۇپ يەر يۈزىدە تۇرىدۇ».
**25:19** مىس. 6:6؛ لاۋ. 47:25-49؛ ئايۇپ 33:23-24؛ يـۇھ. 11:25؛ 1كور. 15:20-22
26:19 **«مەن يەنىلا تېنىمدە تۇرۇپ تەڭرىنى كۆرىمەن!»** — مۇشۇ يەردە ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىش سەل تەس. «مەن تېنىمدىن سىرت (دېمەك، روھ تەندىن كەتكەندىن كېيىن) خۇدانى كۆرىمەن!» دېگەن باشقا بىر خىل تەرجىمىسى بار. بۇ خىل تەرجىمە توغرا بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مەنىسى «ھازىرقى تېنىمدىن سىرت...» دېگەنلىك بولسا كېرەك. مەيلى قايسى خىل مەنىدە ئېيتىلغان بولسۇن، ئايۇپنىڭ كۆزى ئۆزىنىڭ خۇداسىنى كۆرۈشكە يەتكەن.
27:19 **«ئاھ، قەلبىم بۇنىڭغا شۇنچە ئىنتىزاردۇر!»** — مۇشۇ يەردە سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلساق: «مېنىڭ بۆرەكلىرىم (يۈرەكلىرىم، دېمەك) ئىچىمدە تۈگەي دەپ قالدى!». ئىبرانىيلار ئۈچۈن، «بۆرەكلەر» ئادەمنىڭ ھېسسىياتلىرىنىڭ، ۋىجدانىنىڭمۇ چوڭقۇر يىلتىزىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بۇ جۈملە، ئايۇپنىڭ خۇدانى كۆرۈشتىن ئىبارەت زور ئىنتىزارىغا ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنى قانداق قىلىپ قىستاپ قوغلىۋېتەلەيمىز؟!» ـ دېسەڭلار،
[29] ئەمدى ئۆزۈڭلار قىلىچتىن قورقىنىڭلار تۇزۇك!
چۈنكى خۇدانىڭ غەزىپى قىلىچ جازاسىنى ئېلىپ كېلىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن سىلەر خۇدانىڭ سوتىنىڭ قۇرۇق گەپ ئەمەسلىكىنى
بىلىسىلەر».

## زوفارمۇ يامانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە سۆز قىلىدۇ

20 [1] ئاندىن نائاماتلىق زوفار جاۋابەن مۇنداق دېدى: ـ
[2] «مېنى بىئارام قىلغان خىياللار جاۋاب بېرىشكە ئۈندەۋاتىدۇ،
چۈنكى قەلبىم بىئاراملىقتا ئۆرتەنمەكتە.
[3] مەن ماڭا ھاقارەت كەلتۈرۈپ، مېنى ئەيىبلەيدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىدىم،
شۇڭا مېنىڭ روھ-زېھنىم مېنى جاۋاب بېرىشكە قىستىدى.
[4] سەن شۇنى بىلمەمسەنكى،
يەر يۈزىدە ئادەمئاتىمىز ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى،
[5] رەزىللەرنىڭ غالىبە تەنتەنىسى قىسقىدۇر،
ئىپلاسلارنىڭ خۇشاللىقى بىردەملىكتۇر.
[6] ئۇنداق كىشىنىڭ شان-شەرىپى ئاسمانغا يەتكەن بولسىمۇ،
بېشى بۇلۇتلارغا تاقاشسىمۇ،
[7] يەنىلا ئۆزىنىڭ پوقىدەك يوقاپ كېتىدۇ؛

---

28:19 **«ئەگەر سىلەر: «ئىشنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭدىدۇر، ئۇنى قانداق قىلىپ قىستاپ قوغلىۋېتەلەيمىز؟!» ـــ دېسەڭلار،...»** ـ ئايۇپ ئۆز دوستلىرىنىڭ «ئايۇپنىڭ يوشۇرۇن گۇناھلىرىنى پاش قىلمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايلى» دېگەن پوزىتسىيەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى.

2:20 **«مېنى بىئارام قىلغان خىياللار جاۋاب بېرىشكە ئۈندەۋاتىدۇ، چۈنكى قەلبىم بىئاراملىقتا ئۆرتەنمەكتە»** ـ زوفارنىڭ بىر ئىشلارغا بەكمۇ جىددىيلىشىپ كېتىدىغان خاراكتېرى بۇ سۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

**5:20** زەب. 35،36:37

ئۇنى كۆرگەنلەر: «ئۇ نەدىدۇر؟» دەيدۇ.
8 ئۇ چۈشتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ،
قايتا تاپقىلى بولمايدۇ؛
كېچىدىكى غايىبانە ئالامەتتەك ئۇ ھەيدىۋېتىلىدۇ.
9 ئۇنى كۆرگەن كۆز ئىككىنچى ئۇنى كۆرمەيدۇ،
ئۇنىڭ تۇرغان جايى ئۇنى قايتا ئۇچراتمايدۇ.
10 ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مىسكىنلەرگە شەپقەت قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ؛
شۇنىڭدەك ئۇ ھەتتا ئۆز قولى بىلەن بايلىقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.
11 ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى ياشلىق ماغدۇرىغا تولغان بولسىمۇ،
بىراق ئۇنىڭ ماغدۇرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇپا-چاڭدا يېتىپ قالىدۇ.
12 گەرچە رەزىللىك ئۇنىڭ ئاغزىدا تاتلىق تېتىغان بولسىمۇ،
ئۇ ئۇنى تىل ئاستىغا يوشۇرغان بولسىمۇ،
13 ئۇ ئۇنى يۇتقۇسى كەلمەي مېھرىنى ئۈزەلمىسىمۇ،
ئۇ ئۇنى ئاغزىدا قالدۇرسىمۇ،
14 بىراق ئۇنىڭ قارنىدىكى تامىقى ئۆزگىرىپ،
كوبرا يىلاننىڭ زەھرىگە ئايلىنىدۇ.
15 ئۇ بايلىقلارنى يۇتۇۋېتىدۇ، بىراق ئۇلارنى ياندۇرىدۇ؛
خۇدا ئۇلارنى ئاشقازىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ.
16 ئۇ كوبرا يىلاننىڭ زەھرىنى شورايدۇ،
چار يىلاننىڭ نەشتىرى ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ.
17 ئۇ قايتىدىن ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە ھەۋەس بىلەن قارىيالمايدۇ،
بال ۋە سېرىق ماي بىلەن ئاقىدىغان دەريالاردىن ھۇزۇرلىنالمايدۇ.

---

13:20 **«ئۇ ئۇنى يۇتقۇسى كەلمەي مېھرىنى ئۈزەلمىسىمۇ،...»** — ئىبرانيي تىلىدا «ئۇنى ئاياپ مېھرىنى ئۈزەلمىسىمۇ». دېمەك، ئاغزىدا قالدۇرۇۋەرمەكچى بولىدۇ. **«ئۇ ئۇنى ، يەنى رەزىللىكنى ئاغزىدا قالدۇرسىمۇ...»** — زوفارنىڭ بۇ بايانى ئىنتايىن زەھەرخەندىلىككە تولغان بولۇپ، بۇ سۆزلەر شۈبھىسىزكى، ئايۇپنى بىۋاستە ئەيىبلەش ئۈچۈن قارىتىلىدۇ؛ ئۇ: «رەزىللىك ئاغزىدا تاتلىق تېتىغان» ۋە «ئۇنى تىل ئاستىغا يوشۇرغان»، ھەم 20-ئايەتتىكى «مىسكىنلەرنى ئېزىپ، ئۇلارنى تاشلىۋەتكەن»، «ئۆزى سالمىغان بىر ئۆينى ئۆزى ئىگىلىۋالغان» دەپ تەسۋىرلىگەن كىشى دەل ئايۇپتىن باشقا كىشى ئەمەس ئىدى.

18 ئۇ ئېرىشكەننى يۇتالماي قايتۇرىدۇ،
تىجارەت قىلغان پايدىسىدىن ئۇ ھېچ ھوزۇرلىنالمايدۇ.
19 چۈنكى ئۇ مىسكىنلەرنى ئېزىپ، ئۇلارنى تاشلىۋەتكەن؛
ئۇ ئۆزى سالمىغان ئۆينى ئىگىلىۋالغان.
20 ئۇ ئاچكۆزلۈكتىن ئەسلا زېرىكمەيدۇ،
ئۇ ئارزۇلىغان نەرسىلىرىدىن ھېچقايسىسىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.
21 ئۇنىڭغا يۇتۇۋالغۇدەك ھېچنەرسە قالمايدۇ،
شۇڭا ئۇنىڭ باياشاتلىقى مەڭگۈلۈك بولمايدۇ.
22 ئۇنىڭ توققۇزى تەل بولغاندا، تۇيۇقسىز قىسىلچىلىققا ئۇچرايدۇ؛
ھەربىر ئېزىلگۈچىنىڭ قولى ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ.
23 ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇۋاتقىنىدا،
خۇدا دەھشەتلىك غەزىپىنى ئۇنىڭغا چۈشۈرىدۇ؛
ئۇ غىزالىنىۋاتقاندا غەزىپىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرىدۇ.
24 ئۇ تۆمۈر قورالدىن قېچىپ قۇتۇلسىمۇ،
بىراق مىس ئوقيا ئۇنى سانجىيدۇ.
25 تەگكەن ئوق كەينىدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىنسىدە،
يالتىراق ئوق ئۇچى ئۆتتىن چىقىرىۋېلىنسىدە،
ۋەھىمىلەر ئۇنى باسىدۇ.
26 زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى يۇتۇۋېتىشكە تەييار تۇرىدۇ،
ئىنسان پۈۋلىمىگەن ئوت ئۇنى يۇتۇۋالىدۇ،
ئۇنىڭ چېدىرىدا قېلىپ قالغانلىرىنىمۇ يۇتۇۋېتىدۇ.
27 ئاسمانلار ئۇنىڭ قەبىھلىكىنى ئاشكارىلايدۇ؛

---

20:20 **«ئۇ ئاچكۆزلۈكتىن ئەسلا زېرىكمەيدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «ئۇنىڭ ئاشقازىنى ھېچ خاترجەملىكنى بىلمەيدۇ». ئوقۇرمەنلەر 22-24-ئايەتلەرنىڭ باشقا خىل تەرجىمىلىرىنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن.

25:20 **«يالتىراق ئوق ئۇچى ئۆتتىن چىقىرىۋېلىنسىدە، ۋەھىمىلەر ئۇنى باسىدۇ»** ــ زوفار يامان ئادەملەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ئازابلىرىدىن بەك ھوزۇرلىنىدىغاندەك قىلاتتى.

26:20 **«ئىنسان پۈۋلىمىگەن ئوت»** ــ خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ئوتىنى كۆرسەتسە كېرەك.

يەر-زېمىنمۇ ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلىدۇ.
28 ئۇنىڭ مال-دۇنياسى ئېلىپ كېتىلىدۇ،
خۇدانىڭ غەزەپلىك كۈنىدە كەلكۈن ئۇلغىيىپ ئۆي-بىساتىنى غۇلىتىدۇ.
29 خۇدانىڭ رەزىل ئادەمگە بەلگىلىگەن نېسىۋىسى مانا شۇنداقتۇر،
بۇ خۇدا ئۇنىڭغا بېكىتكەن مىراستۇر».

## ئايۇپ يەنە سۆز قىلىدۇ ـ خۇدانىڭ جاھاننى ئىدارە قىلىشى

21 1 ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
2 «گەپلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار،
بۇ سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن «تەسەللىرىڭلار»نىڭ ئورنىدا بولسۇن!
3 سۆز قىلىشىمغا يول قويساڭلار؛
سۆز قىلغىنىمدىن كېيىن، يەنە مازاق قىلىۋېرىڭلار!
4 مېنىڭ شىكايىتىم بولسا، ئىنسانغا قارىتىلىۋاتامدۇ؟
روھىم قانداقمۇ بىتاقەت بولمىسۇن؟
5 ماڭا ئوبدان قاراڭلارچۇ؟ سىلەر چوقۇم ھەيران قالىسىلەر،
قولۇڭلار بىلەن ئاغزىڭلارنى ئېتىۋالىسىلەر.
6 مەن بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئويلانساملا، ۋەھىمىگە چۆمىمەن،
پۈتۈن ئەتلىرىمنى تىترەك باسىدۇ.

---

28:20 **«ئۇنىڭ مال-دۇنياسى ئېلىپ كېتىلىدۇ»** ــ ياكى «كەلكۈن ئۆيىنى ئېقىتىپ كېتىدۇ».

29:20 **«خۇدانىڭ رەزىل ئادەمگە بەلگىلىگەن نېسىۋىسى مانا شۇنداقتۇر، بۇ خۇدا ئۇنىڭغا بېكىتكەن مىراستۇر»** ــ زوفارنىڭ بايانلىرى جەملەشتۈرۈلگىنىدە، ئۇ دېگەن «رەزىل ئادەم» ئەمەلىيەتتە تۆت-بەش پۈتۈنلەي باشقا-باشقا يول بىلەن ئۆلگەن!

6:21 **«مەن بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئويلانساملا، ۋەھىمىگە چۆمىمەن، پۈتۈن ئەتلىرىمنى تىترەك باسىدۇ»** ــ ئايۇپنىڭ بۇنداق قورقۇپ كېتىشى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئايۇپ تاكى ئۆزىنى پالاكەت باسقانغا قەدەر خۇدانى ھەممىگە قادىر، پۈتۈنلەي ئادىل ھەم پۈتۈنلەي مېھرىبان دەپ ئىشىنىپ كەلگەنىدى. بىراق ئۇ ئەمدىلىكتە باشقا بىر قورقۇنچلۇق ئېھتىماللىققا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. خۇدا راستىنلا ئادالەتلىك، راستىنلا ياخشىمۇ؟ جاھاندىكى بەزى ئەھۋاللار بۇنىڭغا تەتۈر گۇۋاھلىق بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. يامان

7 نىمىشقا يامانلار ياشاۋېرىدۇ،
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ،
ھەتتا زور كۈچ-ھوقۇقلۇق بولىدۇ؟
8 ئۇلارنىڭ نەسلى ئۆز ئالدىدا،
پەرزەنتلىرى كۆز ئالدىدا مەزمۇت ئۆسىدۇ،
9 ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ۋەھىمىدىن ئامان تۇرىدۇ،
تەڭرىنىڭ تايىقى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تەگمەيدۇ.
10 ئۇلارنىڭ كالىلىرى جۈپلەنسە ئۇرۇقلىماي قالمايدۇ،
ئىنەكلىرى موزايلايدۇ، موزىيىنىمۇ تاشلىمايدۇ.
11 رەزىللەر كىچىك باللىرىنى قوي پادىسىدەك تالاغا چىقىرىۋېرىدۇ،
ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى تاقلاپ-سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناپ يۈرىدۇ.
12 ئۇلار داپ ھەم چىلتارغا تەڭكەش قىلىدۇ،
ئۇلار نەينىڭ ئاۋازىدىن شادلىنىدۇ.
13 ئۇلار كۈنلىرىنى ئاۋاتچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ،
ئاندىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا تەھتىساراغا چۈشۈپ كېتىدۇ.
14 ھەم ئۇلار تەڭرىگە: «بىزدىن نېرى بول،
بىزنىڭ يوللىرىڭ بىلەن تونۇشقىمىز يوقتۇر!» ــ دەيدۇ،

---

ئادەملەر بىپەرۋا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دۇرۇس ئادەملەر ئېزىلىۋاتىدۇ. خۇدا بۇ ئىشلارغا پىسەنت قىلمامدۇ؟ ئۇ ئەسلىدە تەسەۋۋۇر قىلمىغان بۇ ئېھتىماللىقلار ئۇنى ھازىر ئىنتايىن قورقۇتۇۋاتاتتى.

**7:21** زەب. 17:9-12؛ 73:12؛ يەر. 12:1؛ ھاب. 16:1

**8:21 «ئۇلارنىڭ ، يەنى يامانلارنىڭ نەسلى ئۆز ئالدىدا، پەرزەنتلىرى كۆز ئالدىدا مەزمۇت ئۆسىدۇ»** ــ ئايۇپ زوفارنىڭ بايا قىلغان سۆزلىرىنى خۇلاسە قىلىپ، ئۇلارغا رەددىيە بېرىدۇ؛ يامانلار يوقالمايدۇ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى «ئۆز بايلىقلىرىنى مىسكىنلەرگە قايتۇرىدۇ» ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆز ئالدىغا راۋاج تاپىدۇ.

**13:21 «ئۇلار كۈنلىرىنى ئاۋاتچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ، ئاندىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا تەھتىساراغا چۈشۈپ كېتىدۇ»** ــ ئايۇپ بۇنداق يامانلار ئۆمۈرۋايەت ئازادىلىكتە ياشىغاندىن كېيىن ھېچ ئازابلانماي، ھېچ جازالانماي دۇنيادىن كېتىدۇ، دەۋاتىدۇ. «ئاندىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا تەھتىساراغا چۈشۈپ كېتىدۇ» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار خاتىرجەملىكتە تەھتىساراغا چۈشىدۇ».

**14:21** ئايۇپ 17:22

15 — «ھەممىگە قادىرنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنىڭ ئەرزىگۈدەك نەرى باردۇ؟
ئۇنىڭغا دۇئا قىلساق بىزگە نېمە پايدا بولسۇن؟!».
16 قاراڭلار، ئۇلارنىڭ بەختى ئۆز قولىدا ئەمەسمۇ؟
بىراق يامانلارنىڭ نەسىھىتى مەندىن نىرى بولسۇن!
17 يامانلارنىڭ چىرىغى قانچە قېتىم ئۆچىدۇ؟
ئۇلارنى ئۆزلىرىگە لايىق كۈلپەت باسامدۇ؟
خۇدا غەزىپىدىن ئۇلارغا دەردلەرنى بۆلۈپ بېرەمدۇ؟
18 ئۇلار شامال ئالدىدىكى ئېگىزغا ئوخشاش،
قارا قۇيۇن ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان پاخالغا ئوخشاشلا يوقامدۇ؟
19 تەڭرى ئۇنىڭ قەبىھلىكىنى باللىرىغا چۈشۈرۈشكە قالدۇرامدۇ؟
خۇدا بۇ جازانى ئۇنىڭ ئۆزىگە بەرسۇن، ئۇنىڭ ئۆزى بۇنى تېتىسۇن!
20 ئۆزىنىڭ ھالاكىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن؛
ئۆزى ھەممىگە قادىرنىڭ قەھرىنى تېتىسۇن!
21 چۈنكى ئۇنىڭ بېكىتىلگەن يىل-ئايلىرى تۈگىگەندىن كېيىن،
ئۇ قانداقمۇ يەنە ئۆز ئۆيدىكىلىرىدىن ھۇزۇر-ھالاۋەت ئالالىسۇن؟
22 تەڭرى كاتتىلارنىڭ ئۈستىدىنمۇ ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگىتەلەيدىغان ئادەم بارمىدۇر؟!

---

**15:21** مىس. 2:5؛ مال. 14:3

**16:21** **«قاراڭلار، ئۇلارنىڭ بەختى ئۆز قولىدا ئەمەسمۇ؟»** — باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «قاراڭلار، ئۇلارنىڭ ئاۋاتلىقى ئۆز قولى بىلەن كەلمەس» (ئاۋاتلىقى خۇدادىن كەلگەن، دېمەكچى).

**16:21** ئايۇپ 18:22

**17:21** ئايۇپ 29:20؛ زەب. 11:5-6

**20:21** **«ھەممىگە قادىرنىڭ قەھرىنى تېتىسۇن!»** — ئىبرانىي تىلىدا «ھەممىگە قادىرنىڭ قەھرىنى ئىچسۇن!».

**22:21** **«كاتتىلار»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئالىيلار». بەلكىم مۇشۇ يەردە پەرىشتىلەرنى كۆرستىشى مۇمكىن. **«ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگىتەلەيدىغان ئادەم بارمىدۇر؟!»** — ئايۇپ ئۇلارنىڭ «يامانلار تېزلا جازالىنىدۇ» دېگەنلىرىنىڭ ناتوغرىلىقىنى ئىسپاتلىغاندى. بىراق ئۇ ھازىر: «سىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرىڭلاردا چىڭ تۇرۇۋېلىشىڭلار «خۇدا بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئاڭلاپ ئاندىن بۇ ئىشلارنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك» دېگەنلىككە باراۋەر» دېمەكچى.

**22:21** يەش. 13:40؛ رىم. 34:11؛ 1كور. 16:2

23 بىرسى ساق-سالامەت، پۈتۈنلەي غەم-ئەندىشىسىز، ئازادىلىكتە
ياللىرى توشقاندا ئۆلىدۇ؛
24 بېقىنلىرى سۈت بىلەن سېمىز بولىدۇ،
ئۇستىخانلىرىنىڭ يىلىكى خېلى نەم تۇرىدۇ.
25 يەنە بىرسى بولسا ئاچچىق ئارماندا تۈگەپ كېتىدۇ؛
ئۇ ھېچقانداق راھەت-پاراغەت كۆرمىگەن.
26 ئۇلار بىلەن بىللە توپا-چاڭدا تەڭ ياتىدۇ،
قۇرۇتلار ئۇلارغا چاپلىشىدۇ.

27 — مانا، سىلەرنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىڭلارنى،
مېنى قارىلاش نىيەتلىرىڭلارنى بىلىمەن.
28 چۈنكى سىلەر مەندىن: «ئېسىلزادىنىڭ ئۆيى نەگە كەتكەن؟
رەزىللەرنىڭ تۇرغان چېدىرلىرى نەدىدۇر؟» دەپ سوراۋاتىسىلەر.
29 سىلەر يولۇچىلاردىن شۇنى سورىمىدىڭلارمۇ؟
ئۇلارنىڭ شۇ بايانلىرىغا كۆڭۈل قويمىدىڭلارمۇ؟
30 دېمەك، «يامان ئادەم پالاكەت كۈنىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ،
ئۇلار غەزەپ كۈنىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ!» — دەيدۇ.
31 كىم رەزىلنىڭ تۇتقان يولىنى يۈز تۇرانە ئەيىبلەيدۇ؟

---

**26:21** ئايۇپ 14:17

27:21 **«سىلەرنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىڭلارنى، مېنى قارىلاش نىيەتلىرىڭلارنى بىلىمەن»** — دوستلىرىنىڭ سۆزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دارىتما گەپ؛ بىراق، خېلى روشەنكى، بۇ يەردە ئايۇپقا قارىتىپ ھۇجۇم قىلىنىدۇ.

28:21 **«سىلەر مەندىن: «ئېسىلزادىنىڭ ئۆيى نەگە كەتكەن؟» دەپ سوراۋاتىسىلەر»** — ئۇلارنىڭ مۇشۇ «ئېسىلزادە» دېگىنى، شۈبھىسىزكى، ئايۇپنى كۆرسىتىدۇ. **«سىلەر مەندىن: «.... رەزىللەرنىڭ تۇرغان چېدىرلىرى نەدىدۇر؟» دەپ سوراۋاتىسىلەر»** — ئايۇپ مۇشۇ يەردە يەنە: سىلەرنىڭ بۇ سوئاللىرىڭلار مېنى دارىتىپ كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىمەن، دەۋاتىدۇ.

29:21 **«سىلەر يولۇچىلاردىن شۇنى سورىمىدىڭلارمۇ؟»** — زوفار: «ئىپلاسلارنىڭ خۇشاللىقى بىردەملىكتۇر»، شۇنداقلا بۇ ئىش «يەر يۈزىدە ئادەمئاتىمىز ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى» ھەممە ئادەمگە ئايان — دېگەن. بىراق ئايۇپ يىراق يۇرتلارغا بېرىپ كەلگەنلەرنىڭ بايانلىرى باشقىچە، دەيدۇ

**30:21** پەند. 4:16

كىم ئۇنىڭغا ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاسىنى بېگۈزىدۇ؟
32 ئەكسىچە، ئۇ ھەيۋەت بىلەن يەرلىكىگە كۆتۈرۈپ مېڭىلىدۇ،
ئۇنىڭ قەبرىسى كۆزەت ئاستىدا تۇرىدۇ.
33 جىلغىنىڭ چالمىلىرى ئۇنىڭغا تاتلىق بىلىنىدۇ؛
ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ سانسىز ئادەملەر كەتكەندەك،
ئۇنىڭ كەينىدىنمۇ بارلىق ئادەملەر ئەگىشىپ بارىدۇ.
34 سىلەر نېمىشقا ماڭا قۇرۇق گەپ بىلەن تەسەللى بەرمەكچى؟
سىلەرنىڭ جاۋابلىرىڭلاردا پەقەت ساختىلىقلا تېپىلىدۇ!

## ئېلىفاز يەنە سۆز قىلىدۇ: ـ
## خاتا پەرەزلەر ـ ئايۇپقا قارىتىلغان ھۇجۇملار

22 1 ئاندىن تېمانلىق ئېلىفاز مۇنداق دېدى: ـ
2 ئادەم خۇداغا قانداقمۇ پايدا كەلتۈرەلىسۇن؟
دانا ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا نېمە پايدا كەلتۈرەلىسۇن؟
3 سەن ھەققانىي بولساڭمۇ، ھەممىگە قادىرغا نېمە بەھرە بېرەلەيتتىڭ؟
يوللىرىڭ ئەيىبسىز بولغان تەقدىردىمۇ، سەن ئۇنىڭغا نېمە غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كېلەلەيسەن؟

34:21 **«سىلەر نېمىشقا ماڭا قۇرۇق گەپ بىلەن تەسەللى بەرمەكچى؟ سىلەر يولۇچىلاردىن شۇنى سورىمىدىڭلارمۇ؟»** ــ ئوقۇرمەنلەر بايقىسۇنكى، ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستى ئاۋۋال سەل ئېغىر-بېسىقراق سۆز قىلىدۇ، ئاندىن گەپ قىلغانسېرى ئاچچىق ھەم تەلۋىلىك بىلەن سۆزلەيدۇ؛ ئايۇپ بولسا ئاۋۋال ئىنتايىن تەلۋىلەرچە ۋە جىددىيلىقتا سۆز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى بارغانسېرى تەمكىن بولىدۇ.
3:22 **«... يوللىرىڭ ئەيىبسىز بولغان تەقدىردىمۇ، سەن ئۇنىڭغا نېمە غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كېلەلەيسەن؟»** ــ 1-باب، 8-ئايەتتە، خۇدانىڭ ئايۇپتىن ئالغان رازىلىقى، خۇرسەنلىكى ناھايىتى روشەن بايان قىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» دېگەن قىسمىدا بىز خۇدانىڭ ئىنسانلارنىڭ گۇناھللىرى تۈپەيلىدىن بولغان ئىنتايىن ئازابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەردار بولىمىز. شۇڭا ئېلىفازنىڭ 2-ئايەت ۋە 3-ئايەتتىكى بۇ سۆزلىرىنىڭ تولىمۇ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز لازىم.

4 ئۇنىڭ سېنى ئەيىبلەيدىغانلىقى،
ۋە ئۇنىڭ ساڭا شىكايەتلەر يەتكۈزىدىغىنى سېنىڭ ئىخلاسمەن
بولغىنىڭ ئۈچۈنمۇ-يا؟
5 سېنىڭ رەزىللىكىڭ زور ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ گۇناھلىرىڭ ھېسابسىز ئەمەسمۇ؟
6 سەن قېرىنداشلىرىڭدىن سەۋەبسىز كېپىللىك ئالغانسەن؛
سەن يالاڭتۇشلەرنى كىيىم-كېچەكلىرىدىن مەھرۇم قىلىۋەتكەنسەن.
7 ھالسىزلانغانلارغا سۇ بەرمىدىڭ،
ئاچ قالغانلارغا ئاشنىمۇ ئاياپ بەرمىدىڭ،
8 گەرچە سەن يەر-زېمىنلىك بولغان قولى ئۇزۇن ئادەم بولساڭمۇ،
يەر-زېمىن تۇتۇپ ھۆرمەتلىنىپ كەلگەن ئادەم بولساڭمۇ،
9 سەن تۇل خوتۇنلارنىمۇ قۇرۇق قول ياندۇرغانسەن،
يېتىم-يېسىرلارنىڭ قولىنىمۇ يانجىتىۋەتكەنسەن.
10 مانا شۇ سەۋەبتىن ئەتراپىڭدا تۇزاقلار ياتىدۇ،
ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ۋەھىمىمۇ سېنى باسىدۇ.
11 شۇ سەۋەبتىنمۇ سېنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كۆرەلمەس قىلدى،
بىر كەلكۈن كېلىپ سېنى غەرق قىلدى.
12 تەڭرى ئەرشئالانىڭ چوققىسىدا تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟
ئەڭ ئېگىز يۇلتۇزلارنىڭ نەقەدەر ئالىي ئىكەنلىكىگە قاراپ باق!
13 بىراق سەن: «تەڭرى نېمىنى بىلىدۇ؟
ئۇ راست شۇنچە زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتا بىرنېمىنى پەرق ئېتەلەمدۇ؟!»
دەۋاتىسەن.
14 يەنە: «قويۇق بۇلۇتلار ئۇنى توسىۋالىدۇ،
شۇڭا ئۇ پەلەك ئۇستىدە ئايلىنىپ ماڭغىنىدا بىزنى كۆرمەيدۇ!» —
دەيسەن.

---

**6:22** مىس. 26:22، 27؛ قان. 6:24، 10-13

9:22 **«سەن ... يېتىم-يېسىرلارنىڭ قولىنىمۇ يانجىتىۋەتكەنسەن»** — شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئېلىفازنىڭ بۇ شىكايەتلىرى پۈتۈنلەي ئاساسسىزدۇر.

15 يامان ئادەملەر ماڭغان كونا يولنى سەنمۇ تۇتۇۋېرەمسەن؟
16 ئۇلار ۋاقتى توشماي تۇرۇپلا ئېلىپ كېتىلگەن،
ئۇلارنىڭ ئۇللىرى كەلكۈن تەرىپىدىن ئېقىتىلىپ كېتىلگەن.
17 ئۇلار تەڭرىگە: «بىزدىن نېرى بول!»
ھەممىگە قادىر بىزنى نېمە قىلالىسۇن؟» ــ دەيتتى.
18 بىراق ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئېسىل نەرسىلەر بىلەن تولدۇرغان دەل
ئۇنىڭ ئۆزىدۇر،
مەن بولسام يامانلارنىڭ نەسىھىتىدىن يىراقلاشقانمەن!
19 ھەققانىيلار ئۇلارنىڭ بەربات بولغانلىقىنى كۆرۈپ شادلىنىدۇ؛
بىگۇناھلار ئۇلارنى مازاق قىلىپ: ــ
20 «بىزگە قارشى چىققۇچىلار شۈبھىسىز ۋەيران بولدۇ،
ئوت ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنى يۇتۇۋەتمەمدۇ؟» ــ دەيدۇ.
21 شۇڭا خۇداغا بويسۇنۇپ ئۇنى تونۇساڭ،
شۇ چاغدىلا سەن ئامان بولىسەن؛
شۇنىڭ بىلەن ساڭا ئامەت كېلىدۇ.
22 ئۇنىڭ ئاغزىدىن كەلگەن نەسىھەتنىمۇ قوبۇل قىل،
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ قوي.
23 سەن ھەممىگە قادىرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلسەڭ، مۇقەررەركى،

16:22 **«ئۇلار ۋاقتى توشماي تۇرۇپلا ...، ئۇلارنىڭ ئۇللىرى كەلكۈن تەرىپىدىن ئېقىتىلىپ كېتىلگەن»** ــ بۇ يەردە نۇھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە توپان ئېقىتىپ كەتكەن رەزىل ئادەملەر كۆرسىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**17:22** ئايۇپ 14:21

18:22 **«ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئېسىل نەرسىلەر بىلەن تولدۇرغان دەل ئۇنىڭ ئۆزىدۇر»** ــ ئېلىفاز مۇشۇ يەردە ئايۇپنىڭ «يامانلار بەزىدە بىيىپ ئاۋاتلىشىدۇ» دېگەن پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئازراق قوبۇل قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن يەنىلا: «يامانلار تېز بەربات بولىدۇ» دەيدۇ.

**18:22** ئايۇپ 16:21

**19:22** زەب. 42:107

22:22 **« خۇدانىڭ ئاغزىدىن كەلگەن نەسىھەتنىمۇ قوبۇل قىل،...»** ــ ئېلىفاز ئۆزىنىڭ بايا دېگەن گەپلىرىنى «خۇدانىڭ ئاغزىدىن كەلگەن نەسىھەت» دەپ قارىسا كېرەك.

قايتىدىن قۇرۇلۇپ چىقالايسەن؛
ئەگەر سەن قەبىھلىكنى چېدىرلىرىڭدىن يىراقلاشتۇرساڭ،
24 ئەگەر سەن ئالتۇنۇڭنى توپا-چاڭ ئۈستىگە تاشلىيالىساڭ،
ئوفىردىكى ئالتۇنۇڭنى شىددەتلىك ئېقىننىڭ تاشلىرىغا قوشىۋەتسەڭ،
25 ئۇنداقتا ھەممىگە قادىرنىڭ ئۆزى ساڭا ئالتۇن بولىدۇ.
سېنىڭ ئۈچۈن سەرخىل كۈمۈشمۇ بولىدۇ.
26 ئۇ چاغدا سەن ھەممىگە قادىردىن سۆيۈنىسەن،
يۈزۈڭنى تەڭرىگە قاراپ كۆتۈرەلەيسەن.
27 سەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭ، ئۇ قۇلاق سالىدۇ،
شۇنداقلا سەنمۇ ئىچكەن قەسەملىرىڭگە ئەمەل قىلىسەن.
28 سەن قارار قىلغان ئىش ئەمەلگە ئاشىدۇ،
يولۇلىرىڭ ئۈستىگە نۇر چۈشىدۇ.
29 ئادەملەر پەس قىلىنغاندا، سەن ئۇلارغا: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!» دەيسەن،
شۇنىڭ بىلەن خۇدا چىرايى سۇنغانلارنى قۇتقۇزىدۇ.
30 ئۇ ھەتتا گۇناھى بار ئادەمنىمۇ قۇتقۇزىدۇ،
ئۇ قولۇڭدىكى ھالاللىقتىن قۇتقۇزۇلىدۇ.

---

**23:22** ئايۇپ 8:5، 6

24:22 **«ئەگەر سەن ... ئوفىردىكى ئالتۇنۇڭنى شىددەتلىك ئېقىننىڭ تاشلىرىغا قوشىۋەتسەڭ»** ــ ئىبلفاز بەلكىم ئايۇپنى ئالتۇنلارغا ئىنتايىن ئاچ كۆز ئادەم دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرگە پايدا يەتكۈزەلەيدىغىنى بىلەن، ئايۇپ ئاچ كۆز ئادەم بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچ ياردەم بەرمەيدۇ.
—بۇ ئايەتتە دېيىلگەن «ئوفىردىكى ئالتۇن» ناھايىتى ئېسىل بىر خىل ئالتۇننى كۆرسىتىدۇ.

**29:22** پەند. 23:29

30:22 **«ئۇ ھەتتا گۇناھى بار ئادەمنىمۇ قۇتقۇزىدۇ، ئۇ قولۇڭدىكى ھالاللىقتىن قۇتقۇزۇلىدۇ»** ــ قىزىق ئىش شۇكى، ئىبلفازنىڭ ئۆزى ئاخىردا ئايۇپنىڭ دۇئاسى ئارقىلىق قۇتقۇزۇلىدۇ (42-باب).

## ئايۇپ جاۋاب بېرىدۇ ـ ئىشەنچ-ئېتىقادىنىڭ گۇمان بىلەن بولغان كۈرىشى

23 [1] ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
[2] «بۈگۈنمۇ شىكايىتىم ئاچچىقتۇر؛
ئۇنىڭ مېنى باسقان قولى ئاھ-زارلىرىمدىنمۇ ئېغىردۇر!
[3] ئاھ، ئۇنى نەدىن تاپالايدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسامئىدى،
ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئولتۇرىدىغان جايىغا بارار ئىدىم!
[4] شۇندا مەن ئۇنىڭ ئالدىدا دەۋايىمنى بايان قىلاتتىم،
ئاغزىمنى مۇنازىرىلەر بىلەن تولدۇراتتىم،
[5] مەن ئۇنىڭ ماڭا بەرمەكچى بولغان جاۋابىنى بىلەلەيتتىم،
ئۇنىڭ ماڭا نېمىنى دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلەيتتىم.
[6] ئۇ ماڭا قارشى تۇرۇپ زور كۈچى بىلەن مېنىڭ بىلەن تالىشامتى؟
ياق! ئۇ چوقۇم ماڭا قۇلاق سالاتتى.
[7] ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ھەققانىي بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىشالايتتى؛
شۇنداق بولسا، مەن ئۆز سوتچىم ئالدىدا مەڭگۈگىچە ئاقلانغان بولاتتىم.
[8] ئەپسۇس، مەن ئالغا قاراپ ماڭساممۇ، لېكىن ئۇ ئۇ يەردە يوق؛
كەينىمگە يانسامدۇ، ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيمەن.
[9] ئۇ سول تەرەپتە ئىش قىلىۋاتقاندا، مەن ئۇنى بايقىيالمايمەن؛
ئۇ ئوڭ تەرەپتە يوشۇرۇنغاندا، مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن؛

---

2:23 **«بۈگۈنمۇ شىكايىتىم ئاچچىقتۇر»** ــ بۇ ئايەتتىكى «بۈگۈن» دېگەن سۆز ئايۇپنىڭ دوستلىرى بىلەن بولغان مۇنازىرىلىرىنىڭ بىرنەچچە كۈن داۋاملاشقانلىقىغا ئىسپات بولىدۇ. —ئېلىفاز 22-باب، 29-ئايەتتە «خۇدا چىرايى سۇنغانلارنى قۇتقۇزىدۇ» دېگەنىدى. ئايۇپ يەنە بۇ يەردە ئېلىفاز ئېيتقان «شىكايەت (ئەرز)» دېگەن سۆزنى قەستەن ئىشلىتىپ ئۆزىنى «چىرايى سۇنغانلاردىن» ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.
8:23 **«ئەپسۇس، مەن ئالغا قاراپ ماڭسامدۇ، لېكىن ئۇ ئۇ يەردە يوق؛ كەينىمگە يانسامدۇ، ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيمەن»** ــ يەنە بىر خىل تەرجىمىسى: «بىراق مەن شەرققە ماڭىمەن، لېكىن ئۇ ئۇ يەردە يوق؛ غەربكە يانسامدۇ، ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيمەن».
9:23 **«ئۇ سول تەرەپتە ... ئۇ ئوڭ تەرەپتە يوشۇرۇنغاندا، مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن»** ــ ئايۇپ ئۆز ئەھۋالىدىن خۇدانىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ھېچقانداق ئىسپات كۆرەلمەيدۇ ۋە خۇدانىڭ

10 بىراق ئۇ مېنىڭ ماڭىدىغان يولۇمنى بىلىپ تۇرىدۇ؛
ئۇ مېنى تاۋلىغاندىن كېيىن، ئالتۇندەك ساپ بولىمەن.
11 مېنىڭ پۇتلىرىم ئۇنىڭ قەدەملىرىگە چىڭ ئەگەشكەن؛
ئۇنىڭ يولىنى چىڭ تۇتۇپ، ھېچ چەتنىمىدىم.
12 مەن يەنە ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ بۇيرۇقىدىن باش تارتمىدىم؛
مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سۆزلەرنى ئۆز كۆڭۈلدىكىلىرىمدىن قىممەتلىك
بىلىپ قەدىرلەپ كەلدىم.
13 بىراق ئۇنىڭ بولسا بىرلا مۇددىئاسى باردۇر، كىممۇ ئۇنى يولىدىن
بۇرىۋالسۇن؟ ئۇ كۆڭلىدە نېمىنى ئارزۇ قىلغان بولسا، شۇنى قىلىدۇ.
14 چۈنكى ئۇ ماڭا نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا، شۇنى بەرھەق
ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ؛
مانا مۇشۇ خىلدىكى ئىشلار ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇندۇر.
15 شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئالدىدا دەككە-دۈككىگە چۈشىمەن؛
بۇلارنى ئويلىساملا، مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىمەن.
16 چۈنكى تەڭرى كۆڭلۈمنى ئاجىز قىلغان،

---

ھازىر ئۇنىڭغا نىسبەتەن نېمىنى قىلىشىتقانلىقىنى ھېچ بىلمەيدۇ.
10:23 **«بىراق ئۇ مېنىڭ ماڭىدىغان يولۇمنى بىلىپ تۇرىدۇ»** — بۇ ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ يەنە بىر خىل تەرجىمىسى: «ئۇ (خۇدا) ئۆزىنىڭ ماڭا بولغان يولىنى بىلىدۇ».
—شۈبھىسىزكى، ئايۇپنىڭ بۇنداق دېگىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئەڭ پارلاق بايانلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىز يەنىلا ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز.
**11:23** ئايۇپ 31:4-8
12:23 **«ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سۆزلەرنى ئۆز كۆڭۈلدىكىلىرىمدىن قىممەتلىك بىلىپ...»** — ياكى «ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سۆزلەرنى ئۆز نەپسىمدىن قىممەتلىك بىلىپ...».
**13:23** زەب. 9:33؛ 3:115؛ 6:135
15:23 **«بۇلارنى ، يەنى 14-ئايەتتىكى «مۇشۇ خىلدىكى ئىشلار»نى ئويلىساملا، مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىمەن»** — ئايۇپ ئەمدى نېمىشقا خۇدا ئالدىدا بىئارام بولۇپ، ئۆز ئىشلىرىنى ئويلىسا قورقۇپ كېتىدۇ؟ 14-ئايەتتە ئۇ خۇدا ئۇنىڭ ئۈچۈن بېكىتلىگەن ئىشلار (يەنى ئۇنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەر) توغرىسىدا سۆز قىلغاندىن كېيىن، ئۇ: «ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان مۇشۇنداق ئىشلار باردۇر» دەيدۇ — دېمەك، ئۇ: «مېنىڭ ھازىرغىچە تارتقان ئازابلىرىمدىن يەنە نۇرغۇن «مۇشۇنداق ئىشلار» ئالدىمدا بارمىكىن؟» دەپ ئىنتايىن قىينىلىدۇ.

ھەممىگە قادىر مېنى ساراسىمىگە سالدۇ.

17 ھالبۇكى، مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۈجۈقتۇرۇلمىدىم،
ۋە ياكى يۈزۈمنى ئورىۋالغان زۇلمەت-قاراڭغۇلۇقمۇ ھېچ سۈكۈت
قىلمىدىم.

## مىسكىنلىك ۋە جىنايەت

24 1 — نېمىشقا ھەممىگە قادىر سوراق كۈنلىرىنى بېكىتمەيدۇ؟
نېمىشقا ئۇنى تونۇغانلار ئۇنىڭ شۇ كۈنلىرىنى بىكاردىن-
بىكار كۈتىدۇ؟

2 مانا، ئادەملەر پاسىل قىلىنغان تاشلارنى يۆتكىۋېتىدۇ؛
ئۇلار زوراۋانلىق بىلەن باشقىلارنىڭ پادىلىرىنى بۇلاپ-تالاپ ئۆزلىرى
ئوچۇق-ئاشكارا باقىدۇ؛

3 ئۇلار يېتىم-يېسىرلارنىڭ ئېشىكىنى بۇلاپ ھەيدەپ كېتىدۇ؛
ئۇلار تۇل خوتۇننىڭ كالىسىنى كېپىللىك ئۈچۈن ئېلىۋالىدۇ.

4 ئۇلار مىسكىنلەرنى يولدىن نېرى ئىتتىرىۋېتىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن زېمىندىكى ئېزىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۆكۈشۈۋالىدۇ.

5 مانا، ئۇلار دەشت-باياۋانلاردىكى ياۋايى ئېشەكلەردەك،
تاڭ سەھەردە ئولجا ئىزدەش «خىزمىتى»گە چىقىدۇ؛

---

17:23 **«ھالبۇكى، مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۈجۈقتۇرۇلمىدىم، ۋە ياكى يۈزۈمنى ئورىۋالغان زۇلمەت-قاراڭغۇلۇقمۇ ھېچ سۈكۈت قىلمىدىم»** — بۇ ئايەتنىڭ ئەسلى تەكستىنى چۈشىنىش سەل تەس. يەنە بىر خىل تەرجىمىسى: «چۈنكى مەن قاراڭغۇلۇق چۈشكەندە جاندىن ئۈزۈلمىگىنىم بىلەن، ئۇ مېنىڭ يۈزۈمنى زۇلمەت-قاراڭغۇلۇقتىن قوغداپ قۇتقۇزمىغان».

2:24 **«مانا، ئادەملەر پاسىل قىلىنغان تاشلارنى يۆتكىۋېتىدۇ»** — مۇسا باب 1-12-ئايەتتىكى «ئادەملەر» بەلكىم چۆل-باياۋاندا تۇرۇۋاتقان مىسكىن جىنايەتچىلەرنى كۆرسىتىدۇ (بولۇپمۇ 5-12-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ). **«...تاشلارنى يۆتكىۋېتىدۇ»** — ياكى «تاشلارنى يۆتكەپ كېتىدۇ».

**2:24** قان. 14:19؛ 17:27؛ پەند. 28:22؛ 10:23

3:24 **«ئۇلار تۇل خوتۇننىڭ كالىسىنى كېپىللىك ئۈچۈن ئېلىۋالىدۇ»** — بۇ كالىسى بەلكىم ھەم سۈت ئۈچۈن ھەم يەر ھەيدەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**4:24** پەند. 28:28

جاڭگال ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن يېمەكلىك تەمىنلەيدۇ.
6 ئۇلار يامانىنىڭ كاللىرى ئۈچۈن دالادا ئوت-چۆپ ئورىدۇ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشقان-تاشقان ئۈزۈملىرىنى تېرىدۇ؛
7 ئۇلار كېچىنى كىيىمسىز يالاڭ ئۆتكۈزىدۇ،
سوغۇقتا بولسا يېپىنغۇدەك كىيىمى يوقتۇر.
8 ئۇلار تاغقا ياغقان يامغۇرلار بىلەن سۈزمە بولۇپ كېتىدۇ،
پاناھسىزلىقىدىن تاشنى قۇچاقلىشىدۇ.
9 ئادەملەر ئاتىسىز بالىلارنى ئەمچەكتىن بۇلاپ كېتىدۇ،
ئۇلار مىسكىنلەردىن بوۋاقلارنى كېپىللىككە ئالىدۇ.
10 مىسكىنلەر بولسا كىيىمسىز، يېلىڭ ئۆتىدۇ،
باشقىلار ئۈچۈن بوغداي باغلىرىنى كۆتۈرسىمۇ، يەنىلا ئاچ قالىدۇ؛
11 ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆيىدە زەيتۇنلارنى چەيلەپ ياغ چىقارغان بولسىمۇ،
ھويلىلىرىدا شاراب كۆلچىكىنى چەيلىگەن بولسىمۇ،
يەنىلا ئۇسسۇزلۇقتا قالىدۇ.
12 شەھەردىن ئادەملەرنىڭ ئاھ-زارلىرى چىقىپ تۇرىدۇ،
قىلىچ يېگەنلەرنىڭ جانلىرى نالە-پەرياد كۆتۈرىدۇ؛
بىراق تەڭرى ھېچكىمنىڭ ئىپلاسلىقىنى ئەيىبلىمەيدۇ.

---

5:24 **«ئۇلار دەشت-باياۋانلاردىكى ياۋايى ئېشەكلەردەك،...»** — بۇ يامان ئادەملەر شەھەر-يېزىلاردىن ھەيدىۋېتىلگەن بولۇپ، دەشت-باياۋاندا جان بېقىشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.
6:24 **«ئۇلار يامانىنىڭ كاللىرى ئۈچۈن دالادا ئوت-چۆپ ئورىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشقان-تاشقان ئۈزۈملىرىنى تېرىدۇ»** — روشەنكى، يەر ئىگىسى بولغان مۇشۇ رەزىل ئادەم بۇ «چۆرىرەندىلەر»گە ئۆز ئاشلىق ھوسۇلىنى ئېلىشتا ياكى ئۈزۈم ھوسۇلىنى ئۈزۈشتە ھېچ ئىشەنمەيدۇ
9:24 **«ئۇلار مىسكىنلەردىن بوۋاقلارنى كېپىللىككە ئالىدۇ»** — ياكى «ئۇلار مىسكىنلەردىن كېپىللىك ئالىدۇ».
**10:24** لاۋ. 13:19
**11:24** قان. 4:25؛ ياق. 4:5
12:24 **«... بىراق تەڭرى ھېچكىمنىڭ ئىپلاسلىقىنى ئەيىبلىمەيدۇ»** — كېيىن ئايۇپ بۇ سۆزىدىن ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا سۆزلىرىدىن تۈۋاقىلىپ: «نەسىھەتنى تۈتۈرۇقسىز سۆزلەر بىلەن خىرەلەشتۈرگەن كىم؟» دەپ سۆزىدىن يانىدۇ (42-باب). بىراق بۇ بابتىكى 1-12-ئايەتلەردىن روشەن چۈشىنىمىزكى، ئۇ مۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەتتائۇنىڭدىن يىراق تۇرغان ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىنى ئاغرىتىپ كۆڭۈل بۆلەتتى.

13 ــ نۇرغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدىغانلارمۇ بار؛
ئۇلار نۇرنىڭ يوللىرىنى بىلمەيدۇ،
ئۇنىڭ تەرىقلىرىدە تۇرمايدۇ.
14 قاتىل تاڭ نۇرى كېلىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ،
كەمبەغەللەر ۋە مىسكىنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ؛
كېچىدە ئۇ ئوغرىدەك يۈرىدۇ.
15 زىناخورمۇ «مېنى ھېچ كۆز كۆرمەيدۇ» دەپ زاۋال ۋاقتىنى كۈتىدۇ،
باشقىلار مېنى تونۇمىسۇن دەپ ئايالىنىڭ چۈمبىلىنى يۈزىگە تارتىۋالىدۇ.
16 قاراڭغۇلۇقتا ئوغرىلار ئۆيىنىڭ تاملىرىنى كولاپ تېشىدۇ؛
كۈندۈزدە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆز ئۆيىگە قاماپ قويىدۇ؛
ئۇلار نۇرنى تونۇمايدۇ.
17 ئۇلار ئۈچۈن تاڭ سەھەر ئۆلۈم سايىسىدەك تۇيۇلىدۇ؛
ئۇلار قاپ-قاراڭغۇلۇقنىڭ ۋەھىمىلىرىنى دوست تۇتىدۇ.
18 ئۇلار سۇلارنىڭ يۈزىدىكى كۆپۈكلەردەك يوقاپ كەتسۇن!
ئۇلارنىڭ يەر-زېمىندىكى نېسىۋىسى لەنەت قىلىنغانىكى،
شۇڭا ئۇلاردىن ھېچكىم ئۈزۈمزارلىقا يەنە ماڭمىسۇن!

---

14:24 **«قاتىل تاڭ نۇرى كېلىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كەمبەغەللەر ۋە مىسكىنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ»** ــ بەلكىم تاڭ سەھەردىكى غۇۋالىقتىن ھەم كىشىنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن زەربە قىلىپ بۇلاپ-تالايدۇ.

**14:24** زەب. 10:8، 9

**15:24** زەب. 10:10-11؛ پەند. 7:9، 8

**16:24** ئايۇپ 38:15؛ يۇھ. 3:20

17:24 **«ئۇلار ئۈچۈن تاڭ سەھەر ئۆلۈم سايىسىدەك تۇيۇلىدۇ»** ــ ياكى «تاڭ سەھەر ئۇلار ئۈچۈن قاپ-قاراڭغۇلۇق بولىدۇ».

18:24 **«ئۇلار سۇلارنىڭ يۈزىدىكى كۆپۈكلەردەك يوقاپ كەتسۇن!»** ــ 18-20-ئايەتلەردىكى پېئىللارنى بۇيرۇق شەكلىدە ياكى كەلگۈسى زامان شەكلىدە تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا 18-20-ئايەتلەرنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار سۇلارنىڭ يۈزىدىكى كۆپۈكلەردەك يوقاپ كېتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ يەر-زېمىندىكى نېسىۋىسى لەنەت قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن ھېچكىم ئۈزۈمزارلىقا يەنە ماڭمايدۇ... قاتارلىق» بولىدۇ. بىراق بىز تەرجىمىمىزنى ئالدى-كەينىدىكى ئايەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ ئالدۇق.

19 قۇرغاقچىلىق ھەم تومۇز ئىسسىق قار سۇلىرىنىمۇ يەپ تۈگىتىدۇ؛
تەھتىسارامۇ ئوخشاشلا گۇناھ قىلغانلارنى يەپ تۈگەتسۇن!
20 ئۇنى، تۇغقان ئانىسىمۇ ئۇنتۇسۇن!
قۇرت شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئۇنى يېسۇن!
ئەسكە ھېچ ئېلىنمىسۇن!
شۇنىڭ بىلەن ھەققانىيسىزلىق دەرەختەك كېسىلسۇن!
21 ئۇ بالىسى يوق تۇغماسلاردىن ئولجا ئالىدۇ،
ئۇ تۇل خوتۇنلارغىمۇ ھېچ شەپقەت كۆرسەتمەيدۇ.
22 بىراق خۇدا ئۆز قۇدرىتى بىلەن مۇنداق كۈچ-ھوقۇقى بارلارنىڭ كۈنىنى ئۇزارتىدۇ؛ ئۇلار ھەتتا ھاياتىدىن ئۈمىدسىزلەنسىمۇ قايتىدىن ئورنىدىن تۇرىدۇ.
23 خۇدا يەنىلا ئۇلارنى ئامانلىقتا مۇقىملاشتۇرىدۇ،
شۇڭا ئۇلار خاتىرجەم بولىدۇ؛
ئۇ ئۇلارنىڭ يوللىرىنى كۆزدە تۇتقان ئەمەسمۇ؟
24 ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى بىردەملىك ئۆستۈرۈلىدۇ،
ئاندىن ئۇلار يوق بولىدۇ؛
ئۇلار ئۆڭدا قالدۇرۇلىدۇ، ئاندىن باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشلا يىغىپ ئېلىپ كېتىلىدۇ؛
ئۇلار پەقەتلا پىشقان سەرخىل بۇغداي باشاقلىرىدەك كېسىلىپ كېتىدۇ.

---

20:24 **«قۇرت شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئۇنى يېسۇن!»** ــ ياكى: «قۇرت ئۇنىڭ جورىسى بولسۇن!»

22:24 **«...ئۇلار ھەتتا ھاياتىدىن ئۈمىدسىزلەنسىمۇ قايتىدىن ئورنىدىن تۇرىدۇ»** ــ بۇ ئايەتتىكى ئەسلى تېكستنى چۈشىنىش سەل تەس. باشقا خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن

23:24 **«ئۇ ئۇلارنىڭ يوللىرىنى كۆزدە تۇتقان ئەمەسمۇ؟»** ــ ئايۇپ مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ يامانلارنىڭ يوللىرىنى كۆزدە تۇتقىنى بىلەن ئۇلارنى ئالاھىدە جازالىمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلارنى ئادەتتىكىدەك ئۆلۈم كۈنىگە ساقلايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇشى مۇمكىن.

24:24 **«ئۇلار ، يەنى يامانلار پەقەتلا پىشقان سەرخىل بۇغداي باشاقلىرىدەك كېسىلىپ كېتىدۇ»** ــ ئايۇپ يەنىلا، يامانلارنىڭ ھېچ جازالانماي ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئاندىن پىشقان سەرخىل بۇغدايدەك ھېچ ئازابلانماي بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

25 بۇ ئىشلار مۇنداق بولمىسا، قېنى كىم مېنى يالغانچى دەپ
ئىسپاتلىيالايدۇ.
مېنىڭ گەپلىرىمنى كىم قۇرۇق گەپ دېيەلەيدۇ؟».

## بىلداد يەنە سۆزلەيدۇ ـ خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى

25 [1] شۇخالىق بىلداد جاۋابەن مۇنداق دېدى: ـ
[2] «ئۇنىڭدا ھۆكۈمرانلىق ھەم ھەيۋەت باردۇر؛
ئۇ ئاسمانلارنىڭ قەرىدىكى ئىشلارنىمۇ تەرتىپكە سالىدۇ.
[3] ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟
ئۇنىڭ نۇرى كىمنىڭ ئۈستىگە چۈشمەي قالار؟
[4] ئەمدى ئىنسان بالىسى قانداقمۇ تەڭرىنىڭ ئالدىدا ھەققانىي بولالىسۇن؟
ئايال زاتىدىن تۇغۇلغانلار قانداقمۇ پاك بولالىسۇن؟
[5] مانا، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەتتا ئايمۇ يورۇق بولمىغان يەردە،
يۇلتۇزلارمۇ پاك بولمىغان يەردە، [6] قۇرت بولغان ئىنسان،
سازاڭ بولغان ئادەم بالىسى ئۇنىڭ ئالدىدا قانداق بولار؟».

---

2:25 **«ئۇ ئاسمانلارنىڭ قەرىدىكى ئىشلارنىمۇ تەرتىپكە سالىدۇ»** ـ بىلدادنىڭ بۇ سۆزلىرى بەلكىم شەيتاننىڭ ئەسلىدە خۇداغا قارشىلىق قىلىپ ئەرشتە ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن خۇدانىڭ شەيتاننى ئەرشتىن ھەيدىۋېتىپ، ئەرشتىكى ئىشلارنى قايتىدىن تەرتىپكە كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**4:25** ئايۇپ 17:4، 18، 19؛ 14:15، 15، 16

**5:25** ئايۇپ 15:15

6:25 **«سازاڭ بولغان ئادەم بالىسى ئۇنىڭ ئالدىدا قانداق بولار؟»** ـ دوستلىرىنىڭ ئايۇپقا ئەڭ ئاخىرى بەرگەن جاۋابى بىلدادنىڭ بۇ سۆزلىرىدۇر. ئۇنىڭ بايانى بەك قىسقا بولۇپ، «يامانلارنىڭ ئاقىۋىتى» توغرىسىدا گەپ قىلمايدۇ، پەقەتلا خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ. قارىغاندا ئۇلار يەنىلا ئايۇپنىڭ رىئاللىققا يۈزلەندۈرگەن سۆزلىرىگە جاۋاب تاپالمايدۇ.

**6:25** ئايۇپ 19:4؛ زەب. 6:22

## ئايۇپنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ـ بىلدادنى ئەيىبلەش

26 [1] ئايۇپ بىلدادقا جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
[2] «ماغدۇرسىز كىشىگە قالتىس ياردەملەرنى بېرىۋەتتىڭ!
بىلەكلىرى كۈچسىز ئادەمنى كارامەت قۇتقۇزۇۋەتتىڭ!
[3] ئەقلى يوق كىشىگە قالتىس نەسىھەتلەرنى قىلىۋەتتىڭ!
ۋە ئۇنىڭغا ئالامەت بىلىملەرنى نامايان قىلىۋەتتىڭ!
[4] سەن زادى كىمنىڭ مەدىتى بىلەن بۇ سۆزلەرنى قىلدىڭ؟
سەندىن چىققۇاتقىنى كىمنىڭ روھى؟

## خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى ـ ئايۇپنىڭ بايانى

[5] ــ «ئەرۋاھلار، يەنى سۇ ئاستىدىكىلەر،
شۇنداقلا ئۇ يەردە بارلىق تۇرۇۋاتقانلار تولغىنىپ كېتىدۇ؛
[6] بەرھەق، خۇدانىڭ ئالدىدا تەھتىسارامۇ يېپىنچىسىز كۆرۈنىدۇ،
ھالاكەتنىڭمۇ ياپقۇچى يوقتۇر.
[7] ئۇ يەرنىڭ شىمالىي قۇتۇپىنى ئالەم بوشلۇقىغا سوزغان،
ئۇ يەر شارىنى بوشلۇق ئىچىدە مۇئەللەق قىلغان؛
[8] ئۇ سۇلارنى قويۇق بۇلۇتلىرى ئىچىگە يىغىدۇ،
بۇلۇت ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى بىلەنمۇ يېرتىلىپ كەتمەيدۇ.
[9] ئۇ ئايىنىڭ يۈزىنى ياپىدۇ،
ئۇ بۇلۇتلىرى بىلەن ئۇنى توسىدۇ.

---

**6:26** زەب. 8:139، 11، 12؛ پەند. 11:15؛ ئىبر. 13:4

**7:26** **«ئۇ يەرنىڭ شىمالىي قۇتۇپىنى ئالەم بوشلۇقىغا سوزغان»** ــ ئىبرانىي تىلدا: ــ «ئۇ شىمالىي تەرەپلەر ئالەم بوشلۇقىدا سوزغان». بۇ ئىبارىنىڭ يەرنىڭ شىمالىنى ئەمەس، بەلكى ئاسماننىڭ شىمالىدىكى تەرەپلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىنچىلىكىمۇ بار. **«يەر شارى»** ــ ئەينى تېكىستتە «يەر». بىراق خېلى روشەنكى، ئايۇپ يەر-زېمىننىڭ مۇتلەق ئايرىم تۇرىدىغان بىر جىسىم ئىكەنلىكىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى.

**7:26** زەب. 2:104

**9:26** **«ئۇ ئايىنىڭ يۈزىنى ياپىدۇ»** ــ ياكى «ئۇ تەختى بولغان ئەرشىنىڭ يۈزىنى ياپىدۇ».

**9:26** ئايۇپ 8:9؛ زەب. 2:104، 3

10 ئۇ سۇلارنىڭ ئۈستىگە چەمبەر سىزىپ قويغان،
بۇنىڭ بىلەن ئۇ يورۇقلۇق ھەم قاراڭغۇلۇقنىڭ چېگراسىنى بېكىتكەن.
11 ئاسمانلارنىڭ تۈۋرۈكلىرى تەۋرەپ كېتىدۇ،
ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاڭلاپلا ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ.
12 ئۇ دېڭىزنى قۇدرىتى بىلەن تىنچلاندۇرىدۇ؛
ئۆز ھېكمىتى بىلەن راھابنى پارە-پارە قىلىپ يانجىۋېتىدۇ.
13 ئۇنىڭ روھى بىلەن ئاسمانلار بېزەلگەن،
ئۇنىڭ قولى تېز قاچقان ئەجدىھانى سانجىيدۇ.
14 مانا، بۇ ئىشلار پەقەت ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىدۇر، خالاس؛
ئۇنىڭ سۆز-كالامىدىن ئاڭلاۋاتقىنىمىز ناھايىتى پەس بىر شىۋىرلاش، خالاس!

---

10:26 **«بۇنىڭ بىلەن ئۇ يورۇقلۇق ھەم قاراڭغۇلۇقنىڭ چېگراسىنى بېكىتكەن»** — ئىلىم-پەن جەھەتتىنمۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ توپ-توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

**10:26** يار. 9:1؛ ئايۇپ 8:38؛ زەب. 7:33؛ 104:5-9؛ پەند. 29:8؛ يەر. 22:5

12:26 **«ئۇ دېڭىزنى قۇدرىتى بىلەن تىنچلاندۇرىدۇ»** — «تىنچلاندۇرىدۇ» دېگەننىڭ ئىككى خىل تەرجىمىسى بار: — «تىنچلاندۇرىدۇ» ياكى «دولقۇنلىتىدۇ». بىراق «دولقۇنلىتىدۇ» بولسا كېيىنكى ئايەت بىلەن ماسلاشمايدۇ. **«راھاب»** — «راھاب»نىڭ ئۈچ خىل مەنىسى بار. 9-باب، 13-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، دېڭىزدىكى ئاشۇ زور، قورقۇنچلۇق ھايۋاننى كۆرسىتىدۇ، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ شەيتاننىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر. بۇ ئايەت بەلكىم شەيتاننىڭ دەسلەپتە خۇداغا قارشىلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن خۇدانىڭ ئۇنى ئەرشتىن ھەيدەپ دېڭىزغا تاشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى بىتچىت قىلىۋېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت قىلىدۇ. 13-ئايەتنى ھەم ئىزاھاتىنىمۇ كۆرۈڭ.

**12:26** يەش. 15:51

13:26 **«تېز قاچقان»** — ياكى «يورغىلىما». **«تېز قاچقان ئەجدىھا»** — بەلكىم يۇقىرىقى «لېۋىئاتان»نى (9-ئىزاھاتنى كۆرۈڭ) ياكى شەيتاننىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى مەنىسى توغرا بولسا، بۇ تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» 3-بابتىكى بېشارەت بىلەن ئوخشايدۇ. دېمەك، ئاخىردا خۇدا ئۆز مەسىھى ئارقىلىق شەيتاننى پۈتۈنلەي مەغلۇب قىلىدۇ.
—بەزى ئالىملار: «ئۇ ئۆز قولى بىلەن «ئەجدىھا يۇلتۇز تۈركۈمى»نى ياسىغان» دەپمۇ تەرجىمە قىلىدۇ.

**13:26** زەب. 6:33

ئۇنىڭ پۇتكۇل زور قۇدرىتىنىڭ گۈلدۈرمامىسىنى بولسا كىممۇ چۈشىنەلىسۇن؟!».

## ئايۇپنىڭ قايتىدىن ئۆز ھەق-سەممىيلىكىنى بايان قىلىشى

27 1 ئايۇپ بايانىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ــ
2 «مېنىڭ ھەققىمنى تارتىۋالغان تەڭرىنىڭ ھاياتى بىلەن،
جېنىمنى ئاغرىتقان ھەممىگە قادىرنىڭ ھەققى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
3 تېنىمدە نەپەس بولسىلا،
تەڭرىنىڭ بەرگەن روھى دىمىغىمدا تۇرسىلا،
4 لەۋلىرىمدىن ھەققانىيسىز سۆزلەر چىقمايدۇ،
تىلىم ئالدامچىلىق بىلەن ھېچ شىۋىرلىمايدۇ!

---

14:26 **«بۇ ئىشلار پەقەت ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىدۇر، خالاس»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بۇ ئىشلار پەقەت ئۇنىڭ يوللىرىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بۇرجىكى، خالاس». **«ئۇنىڭ پۈتكۈل زور قۇدرىتىنىڭ گۈلدۈرمامىسىنى بولسا كىممۇ چۈشىنەلىسۇن؟!»** ــ ئايۇپنىڭ بۇ ئۈچ دوستى خۇدا ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە ئالىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بىراق ئايۇپ ئۈچۈن (گۇمانلىق نۇقتىئىنەزەردىن ئەمەس، ئېتىقادنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن سۆزلىگەن ۋاقىتلاردا) خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئىنسانىنى پاكلاپ ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن شادلىنىدۇ.
2:27 **«مېنىڭ ھەققىمنى تارتىۋالغان تەڭرىنىڭ ھاياتى بىلەن...»** ــ ئايۇپنىڭ مۇشۇ يەردە «(خۇدا) مېنىڭ ھەققىمنى تارتىۋالغان» دېگىنى بەلكىم خۇدانىڭ ھېچ سەۋەبنى كۆرسەتمەي ئۇنى جازالاپ، ئۇنىڭدىن «ئادالەتكە بولغان ھەققى»نى ياكى ئۇنىڭ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق «دەۋالىشىش» پۇرسىتىنى «تارتىۋالغان»لىقىنى كۆرسىتىدۇ.
4:27 **«مېنىڭ ھەققىمنى تارتىۋالغان تەڭرىنىڭ ھاياتى بىلەن، جېنىمنى ئاغرىتقان ھەممىگە قادىرنىڭ ھەققى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ... لەۋلىرىم... تىلىم ئالدامچىلىق بىلەن ھېچ شىۋىرلىمايدۇ!»** ــ بۇ قەسەم (2-4-ئايەت) بەلكىم پۈتكۈل مۇقەددەس كىتاب ئىچىدە ئەڭ ئاجايىب، ئەڭ غەلىتە قەسەم ھېسابلىنىشى مۇمكىن. ئۇ خۇدا ھەققىمنى تارتىۋالغان ھەم جېنىمنى ئاغرىتقان دېگىنى بىلەن، يەنىلا خۇدانىڭ ھەققىدە قەسەم ئىچىدۇ. كۆرۈنۈشتە چوڭ زىددىيەت باردەك قىلسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنىڭ تېگىدە ئۇنىڭ چوڭقۇر ئېتىقادى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

**5 سىلەرنىڭكىنى توغرا دېيىش مەندىن يىراق تۇرسۇن!**
**جېنىم چىققانغا قەدەر دۇرۇسلۇقۇمنى ئۆزۈمدىن ئايرىمايمەن!**
**6 ئادىللىقىمنى چىڭ تۇتۇۋېرىمەن، ئۇنى قويۇپ بەرمەيمەن،**
**ۋىجدانىم ياشىغان ھېچبىر كۈنۈمدە مېنى ئەيىبلىمىسۇن!**
**7 مېنىڭ دۈشمىنىم رەزىللەرگە ئوخشاش بولسۇن،**
**ماڭا قارشى چىققانلار ھەققانىيسىز دەپ قارالسۇن.**
**8 چۈنكى تەڭرى ئىپلاس ئادەمنى ئۈزۈپ تاشلىغاندا،**
**ئۇنىڭ جېنىنى ئالغاندا،**
**ئۇنىڭ يەنە نېمە ئۈمىدى قالار؟**
**9 بالايىئاپەت ئۇنى بېسىپ چۈشكەندە،**
**تەڭرى ئۇنىڭ نالە-پەريادىنى ئاڭلامدۇ؟**
**10 ئۇ ھەممىگە قادىردىن سۆيۈنەمدۇ؟**
**ئۇ ھەردائىم تەڭرىگە ئىلتىجا قىلالامدۇ؟**

---

6:27 «**... ۋىجدانىم ياشىغان ھېچبىر كۈنۈمدە مېنى ئەيىبلىمىسۇن!**» — 5- ھەم 6-ئايەتتىكى بايانلارنىڭ ئىككى مەنىسى بار: — بىرىنچىدىن، مەيلى يامانلارنىڭ يوللىرى ئاۋاتلاشقان بولسىمۇ، ئايۇپ دۇرۇس، ديانەتلىك بولۇشقا ئىنتىلىشىنى ھەرگىز تاشلىمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ قارىشىچە «ھەممە گۇناھىنى خۇداغا ئېتىراپ قىلىپ توۋا قىلىش بىلەن ئۆز ۋىجدانىمغا خىلاپلىق ھېچ ئىش قالمىدى؛ ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولسام، يالغان ئېيتاتتىم» دېگەن ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.
7:27 «**ماڭا قارشى چىققانلار ھەققانىيسىز دەپ قارالسۇن**» — ئايۇپ «مېنى ھەققانىيسىز دېگۈچىلەر (خۇدا ئادىل بولسا) ئۆزلىرى ھەققانىيسىز دەپ قارىلىشى كېرەك» دەپ تىلەيدۇ. كونا قانۇنلارغا ئاساسەن، بىرسى باشقا بىراۋغا يالغاندىن جىنايەت چاپلىسا، يالغانلىقى ئىسپاتلىنىشى بىلەن ئۇ دەل شۇ جىنايەتكە تېگىشلىك جازا بىلەن جازالىنىشى كېرەك ئىدى. خۇدا ئايۇپنى ھەققانىي دەپ ئىسپاتلىسا، ئۈچ دوستىنىڭ گۇناھى بار دېگەنلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆز ھەم ئۇنىڭ بىر تىلىكى ھەم دوستلىرىغا بولغان سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشى بولۇپ قالىدۇ.
**8:27** مات. 26:16؛ لۇقا 20:12
**9:27** ئايۇپ 12:35؛ زەب. 41:18؛ 18:66؛ 7:109؛ پەند. 28:1؛ 9:28؛ يەش. 15:1؛ 12:16؛ يەر. 12:14؛ ئەز. 18:8؛ مك. 4:3؛ يـۇھ. 31:9؛ ياق. 3:4
10:27 «**رەزىل ئادەم ھەممىگە قادىردىن سۆيۈنەمدۇ؟ ئۇ ھەردائىم تەڭرىگە ئىلتىجا قىلالامدۇ؟**» — ئايۇپقا نىسبەتەن خۇدانىڭ ئۇنىڭ قېشىدا ھازىر بولغانلىقى، ئۇنىڭ خۇدا بىلەن ئالاقىدە بولۇشى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك ئىشتۇر. بۇ بايانىدا ئۇ يامانلاردا ئۇنداق

11 مەن تەڭرىنىڭ قولىنىڭ قىلغانلىرى توغرىسىدا سىلەرگە مەلۇمات بېرەي؛
ھەممىگە قادىردا نېمە بارلىقىنى يوشۇرۇپ يۈرمەيمەن.
12 مانا سىلەر ئاللىبۇرۇن بۇلارنى كۆرۈپ چىقتىڭلار؛
سىلەر نېمىشقا ئاشۇنداق پۇتۇنلەي قۇرۇق خىياللىق بولۇپ قالدىڭلار؟
13 رەزىل ئادەملەرنىڭ تەڭرى بېكىتكەن ئاقىۋىتى شۇنداقكى،
زوراۋانلارنىڭ ھەممىگە قادىردىن ئالىدىغان نېسىۋىسى شۇنداقكى: ــ
14 ئۇنىڭ بالىلىرى كۆپەيسە، قىلىچلىنىش ئۈچۈنلا كۆپىيىدۇ؛
ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ نېنى يېتىشمەيدۇ.
15 ئۇنىڭ ئۆزىدىن كېيىن قالغان ئادەملىرى ئۆلۈم بىلەن بىۋاستە دەپنە قىلىنىدۇ،

خۇشاللىقىنىڭ يوقلۇقىنى، مۇنداقلارنىڭ خۇداغا ئىلتىجا قىلالمايدىغانلىقىنى بايقىغانلىقىنى ئايان قىلىدۇ. دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇكى، ئايۇپ نۇرغۇن قېتىم خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ سۆزلەيدۇ، باشقىلارغا سۆز قىلىشتىن توختاپ تۇرۇپ خۇداغا بىۋاستە گەپ قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئۈچ دوستى (ھەم ئاخىرىدا سۆزلىگەن ئېلىخۇ) بىر قېتىممۇ خۇداغا بىۋاستە سۆزلىمەيدۇ.

**13:27** ئايۇپ 29:20

14:27 **« رەزىل ئادەمنىڭ بالىلىرى كۆپەيسە، قىلىچلىنىش ئۈچۈنلا كۆپىيىدۇ؛ ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ نېنى يېتىشمەيدۇ»** ــ ئايۇپنىڭ يامانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسۋىرلىگەن ھەم شۇنداقلا دوستلىرىنىڭ سۆزىگە سەل قوشۇلغاندەك پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرگەن بۇ بايانى ئۇنىڭ بايانلىرى ئىچىدە چۈشىنىشكە ئەڭ تەس بولغان بايانلاردۇر. چۈنكى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى دېگەنلىرىگە قارىمۇقارشى بولۇپ چىقىدۇ. ئىلگىرى ئۇ: «يامانلار جازالانماسلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمىشقا شۇنچە كۆپ رەزىللەر ھېچ جازالانماي مىسكىنلەرنى خالىغانچە ئېزىدۇ؟ بەزىدە يامانلار پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ، بىراق گۇناھسىزلارمۇ ئوخشاشلا ئۇچرايدۇ؛ ھېچقانداق تەرتىپنى بايقىغىلى بولمايدۇ» ــ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغانىدى. مانا بۇ بايانلاردا «ئۇنىڭ بالىلىرى كۆپەيسە، قىلىچلىنىش ئۈچۈنلا كۆپىيىدۇ؛ ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ نېنى يېتىشمەيدۇ...» دېگەن سۆزلەر ئېيتىلىدۇ. بۇ زادى قانداق گەپ؟ بىز بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن شۇنداق قارايمىزكى، ئايۇپنىڭ رېئاللىقتا يۈزلىنىشتىكى جۈرئىتى مۇشۇ يەردە ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن سەل ئاجىزلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ ئىش توغرۇلۇق يەنە ئازراق توختىلىمىز.

**14:27** قان. 41:28؛ ھوش. 13:9

بۇنىڭ بىلەن قالغان تۇل خوتۇنلىرى ماتەم تۇتمايدۇ.
16 ئۇ كۈمۈشلەرنى توپا-چاڭدەك يىغىپ دۆۋىلىسىمۇ،
كىيىم-كېچەكلەرنى لايدەك كۆپ يىغسىمۇ،
17 بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەييارلىسىمۇ،
بىراق كىيىملەرنى ھەققانىيلار كىيىدۇ؛
بىگۇناھلارمۇ كۈمۈشلەرنى بۆلۈشىدۇ.
18 ئۇنىڭ ياسىغان ئۆيى پەرۋانىنىڭ غوزىسىدەك،
ئۈزۈمزارنىڭ كۆزەتچىسى ئۆزىگە سالغان كەپىدەك بوش بولىدۇ.
19 ئۇ باي بولۇپ يېتىپ دەم ئالغىنى بىلەن،
بىراق ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كېلىدۇكى،
كۆزىنى ئاچقاندا، ئەمدى تۈگەشتىم دەيدۇ.
20 ۋەھىمىلەر كەلكۈندەك بېشىغا كېلىدۇ؛
كەچتە قارا قۇيۇن ئۇنى چاڭگىلىغا ئالىدۇ.
21 شەرق شامىلى ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ؛

---

15:27 **«قالغان ئادەملىرى ئۆلۈم بىلەن بىۋاستە دەپنە قىلىنىدۇ»** ــ «ئۆلۈم» مۇشۇ يەردە بەلكىم بىرخىل ۋابا ياكى بىرخىل ئېغىر كېسەلنى كۆرسىتىدۇ. **«بىۋاستە دەپنە قىلىنىدۇ»** ــ دېمەك، ھېچقانداق داغدۇغىسىز تېزدىن دەپنە قىلىنىدۇ. بەلكىم يۇقۇملۇق كېسەل ياكى ۋابا بىلەن ئۆلگەن بولسا كېرەك. **«...قالغان تۇل خوتۇنلىرى ماتەم تۇتمايدۇ»** ــ بەلكىم بالايىئاپەت ئۇلارغا يېقىنلىششى بىلەن ياكى ئوخشاش سەۋەب بىلەن رەسمىي ماتەم تۇتۇشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ.
—بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئايۇپنىڭ پەقەت بىر ئايالى بار ئىدى ھەم «بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق» بولۇشنى قۇۋۋەتلىگەن (29-بابنىمۇ كۆرۈڭ). ئۇنىڭ دېيىشىچە، يامانلار كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى مۇمكىن.
**15:27** زەب. 64:78
**17:27** پەند. 8:28؛ توپ. 26:2
**19:27** زەب. 16:49-20
20:27 **«كەچتە قارا قۇيۇن ئۇنى چاڭگىلىغا ئالىدۇ»** ــ ئايۇپنىڭ «قارا قۇيۇن»نى تىلغا ئېلىشى شۇنداق بىر قارا قۇيۇننىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى پۇرىتىدۇ. 38-بابتا بۇ قارا قۇيۇن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ.
**20:27** ئايۇپ 21:15؛ 11:18

شىددەت بىلەن ئۇنى ئورنىدىن ئىلىپ يىراققا ئىتىپ تاشلايدۇ.
22 بوران ئۇنى ھېچ ئايىماي، بېشىغا ئۇرۇلىدۇ؛
ئۇ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھە دەپ ئۇرۇنىدۇ؛
23 بىراق شامال ئۇنىڭغا قاراپ چاۋاك چالىدۇ،
ئۇنى ئورنىدىن «ئۇش-ئۇش» قىلىپ قوغلىۋېتىدۇ».

## دانالىقنى ئىزدەش

28 1 — «شۈبھىسىزكى، كۈمۈش تېپىلىدىغان كانلار بار،
ئالتۇننىڭ تاۋلىنىدىغان ئۆز ئورنى باردۇر؛
2 تۆمۈر بولسا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنىدۇ،
مىس بولسا تاشتىن ئېرىتىلىپ ئېلىنىدۇ.

21:27 **«شەرق شاملى ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ»** — پەلەستىندە «شەرق شاملى» ئەۋجىگە چىققان ۋاقتىدا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، ئەشەددىي بولۇپ پۈتۈن دەرەخلەرنىمۇ يۇلۇپ يىراقلارغا تاشلىۋېتەلەيدۇ.
23:27 **«بىراق شامال ... ئۇنى ئورنىدىن «ئۇش-ئۇش» قىلىپ قوغلىۋېتىدۇ»** — «ئۇش-ئۇش قىلىش» مەسخىرە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.
1:28 **«ئالتۇننىڭ تاۋلىنىدىغان ئۆز ئورنى باردۇر»** — ياكى «ئالتۇننىڭ چايقىلىدىغان ئۆز ئورنى باردۇر».
—دانالىق تەۋسىيە قىلىنغان 28-بابتىكى بۇ گۈزەل شېئىرنى بەزى ئالىملار ئايۇپنىڭ ئۆز سۆزى ئەمەس، بەلكى كىتابنىڭ يازغۇچىسى تېكىستكە قىستۇرۇپ قوشقان بىر شېئىر، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ مەقسىتى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەقىقىي دانالىقنى تەھلىل قىلىشىغا ياردەم بولسۇن دېگەن سۈپەتتە شېئىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز بۇ پىكىرگە قايىل بولدۇق. بۇنىڭغا بىر ئىسپات، 29-باب: «ئايۇپ ئاياننى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: —» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ، قارىغاندا 23:27-ئايەت بىلەن باغلىق.
—باشقا ئالىملار بۇ باياتلار ئايۇپنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىققان باياتلاردۇر، «1-ئايەتتىكى «شۈبھىسىزكى» ياكى «چۈنكى») دېگەن باغلىغۇچى بىلەن باشلىنىشى بۇنىڭغا ئىسپات بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.
—قايسى پىكىر توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ باپتىكى ھەقىقەتلەر شۈبھىسىزكى ئايۇپنىڭ ئېتىقادىنىڭ ھەم مۇيەسسەر بولغان ۋەھىيلىرىنىڭ تېگى ھەم ئۇلى بولغانىدى.
—كېيىن بىز مەزكۇر كىتابنى چازغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىمىز.

3 ئىنسانلار يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇققا چەك قويىدۇ؛
ئۇ يەر قەرىگىچە چارلاپ يۈرۈپ،
قاراڭغۇلۇققا تەۋە، ئۆلۈمنىڭ سايىسىدە تۇرغان تاشلارنى ئىزدەيدۇ.
4 ئۇ يەر يۈزىدىكىلەردىن يىراق جايدا تىك بولغان قۇدۇقنى كولايدۇ؛
مانا شۇنداق ئادەم ئاياغ باسمايدىغان، ئۇنتۇلغان يەرلەردە ئۇلار ئارغامچىنى تۇتۇپ بوشلۇقتا پۇلاڭلاپ يۈرىدۇ،
كىشىلەردىن يىراقتا ئېسىلىپ تۇرىدۇ.
5 ئاشلىق چىقىدىغان يەر،
تەكتى كولانغاندا بولسا يالقۇندەك كۆرۈنىدۇ؛
6 يەردىكى تاشلار ئارىسىدىن كۆك ياقۇتلار چىقىدۇ،
ئۇنىڭدا ئالتۇن رۇدىسىمۇ باردۇر.
7 ئۇ يولنى ھېچقانداق ئالغۇر قۇش بىلمەيدۇ،
ھەتتا سارنىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭغا يەتمىگەن.
8 ھاكاۋۇر يىرتقۇچلارمۇ ئۇ يەرنى ھېچ دەسسەپ باقمىغان،
ئەشەددىي شىرمۇ ئۇ جايدىن ھېچقاچان ئۆتۈپ باقمىغان.
9 ئىنسان بالىسى قولىنى چاقماق تېشىنىڭ ئۈستىگە تەگكۈزىدۇ،
ئۇ تاغلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىدۇ.
10 تاشلار ئارىسىدىن ئۇ قاناللارنى چاپىدۇ؛
شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ كۆزى ھەرخىل قىممەتلىك نەرسىلەرنى كۆرىدۇ؛
11 يەر ئاستىدىكى ئېقىنلارنى تېشىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇلارنى توسۇۋالىدۇ؛
يوشۇرۇن نەرسىلەرنى ئۇ ئاشكارىلايدۇ.

---

3:28 **«ئىنسانلار يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇققا چەك قويىدۇ»** ــ دېمەك، ئىنسانلار ياقۇتلارنى ئىزدەشتە يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇقنى چىراغلار بىلەن يورۇتىدۇ؛ 4-5-ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ ئارغامچىلارغا ئېسىلىپ يەر ئاستىغا چۈشۈپ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.
10:28 **«تاشلار ئارىسىدىن ئۇ قانالارنى چاپىدۇ»** ــ بۇ قانالار بەلكىم يەر ئاستىدىكى سۇنى تونىللاردىن چىقىرىش ئۈچۈن كولانغان.
11:28 **«يەر ئاستىدىكى ئېقىنلارنى تېشىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇلارنى توسۇۋالىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ ئېقىنلارنىڭ مەنبىلىرىنى ئىزدەپ تاپىدۇ».

[12] بىراق دانالىق نەدىن تېپىلار؟
يورۇتۇلۇشنىڭ ماكانى نەدىدۇ؟
[13] ئىنسان بالىلىرى ئۇنىڭ قىممەتلىكلىكىنى ھېچ بىلمەس،
ئۇ تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدىن تېپىلماس.
[14] يەر تېگى: «مەندە ئەمەس» دەيدۇ،
دېڭىز بولسا: «مەن بىلەنمۇ بىللە ئەمەستۇر» دەيدۇ.
[15] دانالىقنى ساپ ئالتۇن بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ،
كۈمۈشنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر تارازىدا تارتقىلى بولماس.
[16] ھەتتا ئوفىردا چىقىدىغان ئالتۇن، ئاق ھېقىق ياكى كۆك ياقۇت
بىلەنمۇ بىر تارازىدا تارتقىلى بولمايدۇ.
[17] ئالتۇن ۋە خرۇستالنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ،
ئېسىل ئالتۇن قاچا-قۇچىلار ئۇنىڭ بىلەن ھېچ ئالماشتۇرۇلماس.
[18] ئۇ ئۈنچە-مارجان، خرۇستالنى ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقىرىدۇ؛
دانالىقنى ئېلىش قىزىل ياقۇتلارنى ئېلىشتىن ئەۋزەلدۇر.
[19] ئېفىئوپىيەدىكى سېرىق ياقۇت ئۇنىڭغا يەتمەس،
سېرىق ئالتۇنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ.
[20] ئۇنداقتا، دانالىق نەدىن تېپىلىدۇ؟
يورۇتۇلۇشنىڭ ماكانى نەدىدۇ؟
[21] چۈنكى ئۇ بارلىق ھايات ئىگىلىرىنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇلغان،
ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلاردىنمۇ يوشۇرۇن تۇرىدۇ.
[22] ھالاكەت ۋە ئۆلۈم پەقەتلا: «ئۇنىڭ شۆھرىتىدىن خەۋەر ئالدۇق»
دەيدۇ.
[23] ئۇنىڭ ماڭغان يولىنى چۈشىنىدىغان،

---

**14:28** ئايۇپ 22:28
**15:28** پەند. 3:14؛ 8:11، 19؛ 16:16
**16:28** «**ئوفىردا چىقىدىغان ئالتۇن**» ــ ئوفىر دېگەن يەردىكى ئالتۇن ناھايىتى ساپ ئىدى.
**20:28** ئايۇپ 12:28
**22:28** ئايۇپ 14:28

تۇرىدىغان يېرىنى بىلىدىغان پەقەتلا بىر خۇدادۇر.
24 چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى يەرنىڭ قەرىگىچە يېتىدۇ،
ئۇ ئاسمانىنىڭ ئاستىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆرىدۇ.
25 ئۇ شاماللارنىڭ كۈچىنى تارازىغا سالغاندا،
دۇنيانىڭ سۇلىرىنى ئۆلچىگەندە،
26 يامغۇرلارغا قانۇنىيەت چۈشۈرگىنىدە،
گۈلدۈرمامىنىڭ چاقمىقىغا يولنى بېكىتكىنىدە،
27 ئۇ چاغدا ئۇ دانالىقنى قاراپ ئۇنى بايان قىلغان؛
ئۇنى نەمۇنە قىلىپ بەلگىلىگەن؛
شۇنداق، ئۇ ئۇنىڭ باش-ئايىغىغا قاراپ چىقىپ،
28 ئىنسانغا: «مانا، رەبدىن قورقۇش دانالىقتۇر؛
يامانلىقتىن يىراقلىشىش يورۇتۇلۇشتۇر» ــ دېگەن».

## ئىلگىرىكى بەختلىك كۈنلەرنى ئەسلەش

29 1 ئايۇپ بايانىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ــ
2 «ئاھ، ئەھۋالىم ئىلگىرىكى ئايلاردىكىدەك بولسىدى،
تەڭرى مەندىن خەۋەر ئالغان كۈنلەردىكىدەك بولسىدى!

25:28 پەند. 29:8
27:28 «ئۇ چاغدا خۇدا دانالىقنا قاراپ ئۇنى بايان قىلغان» ــ بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم خۇدانىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ئارقىلىق دانالىقنى بايان قىلغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
28:28 «مانا، رەبدىن قورقۇش دانالىقتۇر؛ يامانلىقتىن يىراقلىشىش يورۇتۇلۇشتۇر» ــ بۇ بابتىكى سۆزلەر ئىنسان باللىرىنىڭ يەر ئاستىدا ئېسىل تاشلارنى ئىزدىشىنى تەنقىد قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇ ئىشتا ئىشلەتكەن پاراستىگە ھەم جۈرئىتىگە قايىل بولغان. بىراق مەيلى ئادەمنىڭ قانچە پاراستى، قانچە جۈرئىتى بولسۇن، ئۆزىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىگىلا تايانسا دانالىققا ئېرىشمەيدۇ؛ پەقەتلا رەب پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىشكە باشلىسىلا، دانالىققا ئېرىشىشكىمۇ باشلايدۇ؛ يامانلىقتىن توۋا قىلىپ يىراقلاشسىلا، يورۇتۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇ شۈبھىسىزكى، ئايۇپنىڭ ئېتىقادىنىڭ ھەم ئۇ مۇيەسسەر بولغان ۋەھىيلەرنىڭ تېگى ھەم ئۇلى بولغانىدى.
28:28 زەب. 10:111؛ پەند. 1:7؛ 10:9
2:29 «ئاھ، ئەھۋالىم ئىلگىرىكى ئايلاردىكىدەك بولسىدى!» ــ بۇ بايانغا قارىغاندا، ئايۇپنى

3 ئۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرىغى بېشىمغا نۇر چاچقان،
ئۇنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتىم!
4 بۇ ئىشلار مەن قىران ۋاقتىمدا،
يەنى تەڭرى چېدىرىمدا ماڭا سىرداش دوست بولغان ۋاقىتتا بولغانىدى!
5 ھەممىگە قادىر مەن بىلەن بىللە بولغان،
مېنىڭ ياش باللىرىم ئەتراپىمدا بولغان؛
6 مېنىڭ باسقان قەدەملىرىم سېرىق مايغا چۆمۈلگەن؛
يېنىمدىكى تاش مەن ئۈچۈن زەيتۇن ماي دەرياسى بولۇپ ئاققان؛
7 شەھەر دەرۋازىسىغا چىققان ۋاقتىمدا،
كەڭ مەيداندا ئورنۇم تەييارلانغاندا،
8 ياشلار مېنى كۆرۈپلا ئەيمىنىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى،
قېرىلار بولسا ئورنىدىن تۇراتتى،
9 شاھزادىلەرمۇ گەپتىن توختاپ،
قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالاتتى.
10 ئاقسۆڭەكلەرمۇ تىنچلىنىپ،
تىلىنى تاڭلىيىغا چاپلىۋالاتتى.
11 قۇلاق سۆزۈمنى ئاڭلىسىلا، ماڭا بەخت تىلەيتتى،
كۆز مېنى كۆرسىلا ماڭا ياخشى گۇۋاھلىق بېرەتتى.

---

بالايىئاپەت باسقانلىقىغا بىرنەچچە ئاي بولغانىدى.
4:29 «... قىران ۋاقتىمدا، يەنى تەڭرى چېدىرىمدا ماڭا سىرداش دوست بولغان ۋاقىتتا بولغانىدى!» — ئېنىق تۇرۇپتۇكى، ئايۇپ ئەسلى خۇدا بىلەن يېقىن دوستلۇقتا ئۆتكەنىدى. ھېچقانداق گۇمانىمىز يوقكى، بۇ دوستلۇقنىڭ سىزىمىدىن مەھرۇم بولۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەڭ ئازابلىق ئىش بولدى.
6:29 «... يېنىمدىكى تاش مەن ئۈچۈن زەيتۇن ماي دەرياسى بولۇپ ئاققان» — بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگىنى ئايۇپنىڭ ئىلگىرى ئىنتايىن باي ھالىنى تەسۋىرلەيدۇ.
7:29 «كەڭ مەيداندا ئورنۇم تەييارلانغاندا» — شەھەرنىڭ (چوڭ) دەرۋازىسى ياكى ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەيدان بولسا شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى ھەم قازىلىرى يىغىلىدىغان، دەۋالارنى ئاڭلايدىغان جاي ئىدى.

12 چۈنكى مەن ماڭا ھىمايە بول دەپ يىلىنغان ئېزىلگۈچىلەرنى،
پاناھسىز قالغان يېتىم-يېسىرلارنىمۇ قۇتقۇزۇپ تۇراتتىم.
13 ھالاك بولاي دېگەن كىشى ماڭا بەخت تىلەيتتى؛
مەن تۇل خوتۇننىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرۇپ ناخشا ياڭراتقۇزاتتىم.
14 مەن ھەققانىيلىقنى تون قىلىپ كىيىۋالدىم،
ئۇ مېنى ئۆز گەۋدىسى قىلدى.
ئادالەتلىكىم ماڭا يېپىنچا ھەم سەللە بولغان.
15 مەن كورغا كۆز بولاتتىم،
توكۇرغا پۇت بولاتتىم.
16 يوقسۇللارغا ئاتا بولاتتىم،
ماڭا ناتونۇش كىشىنىڭ دەۋاسىنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقاتتىم.
17 مەن ئادالەتسىزنىڭ ھەڭگايغان چىشلىرىنى چېقىپ تاشلايتتىم،
ئۇلجىسىنى چىشلىرىدىن ئېلىپ كېتەتتىم.
18 ھەم: «مېنىڭ كۈنلىرىم قۇمدەك كۆپ بولۇپ،
ئۆز ئۇۋامدا راھەت ئىچىدە ئۆلىمەن» دەيتتىم؛
19 ھەم: «يىلتىزىم سۇلارغىچە تارتىلىپ بارىدۇ،
شەبنەم پۈتۈن كېچىچە شېخىمغا چاپلىشىپ ياتىدۇ؛
20 شۆھرىتىم ھەردائىم مەندە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ،
قولۇمدىكى ئوقيايىم ھەردائىم يېڭى بولۇپ تۇرىدۇ» دەيتتىم.

---

**12:29** زەب. 72:12-14؛ پەند. 13:21

**14:29** يەش. 59:17؛ ئەف. 6:10-17؛ 1تېس. 5:8

**16:29** **«ماڭا ناتونۇش كىشىنىڭ دەۋاسىنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقاتتىم»** — ئايۇپنىڭ بۇ ئادىتى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان پەزىلەت بولۇپ، ئايۇپنىڭ ئىنتايىن ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق ئىشلىرى تۈپەيلىدىنمۇ نۇرغۇن دۈشمەنلىرى پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**17:29** **«مەن ئادالەتسىزنىڭ ھەڭگايغان چىشلىرىنى چېقىپ تاشلايتتىم، ئۇلجىسىنى چىشلىرىدىن ئېلىپ كېتەتتىم»** — ئايۇپنىڭ پەزىلىتى ھەرگىز خىيالپەرەسلەرنىڭ چىرايلىق نەزەرىيىلىرى ئەمەس.

**20:29** **«قولۇمدىكى ئوقيايىم ھەردائىم يېڭى بولۇپ تۇرىدۇ» دەيتتىم»** — «ئوقيا» مۇشۇ يەردە بەلكىم ئادىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئۆز باتۇرلۇقىنىڭ، جۈرئىتىنىڭ سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن.

21 ئادەملەر ماڭا قۇلاق سالاتتى، كۈتۈپ تۇراتتى؛
نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاي دەپ سۈكۈت ئىچىدە تۇراتتى.
22 مەن گەپ قىلغاندىن كېيىن ئۇلار قايتا گەپ قىلمايتتى،
سۆزلىرىم ئۇلارنىڭ ئۈستىگە شەبنەم بولۇپ چۈشەتتى.
23 ئۇلار يامغۇرلارنى كۈتكەندەك مېنى كۈتەتتى،
كىشىلەر ۋاقتىدا ياغقان «كېيىنكى يامغۇر»نى قارشى ئالغاندەك سۆزلىرىمنى ئاغزىنى ئېچىپ ئىچەتتى!
24 ئۈمىدسىزلەنگىنىدە مەن ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتىم،
يۈزۈمدىكى نۇرنى ئۇلار يەرگە چۈشۈرمەيتتى.
25 مەن ئۇلارغا يولىنى تاللاپ كۆرسىتىپ بېرەتتىم،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كاتتىۋاش بولۇپ ئولتۇراتتىم،
قوشۇنلىرى ئارىسىدا تۇرغان پادىشاھدەك ياشايتتىم،
بىراق بۇنىڭ بىلەن ماتەم تۇتىدىغانلارغا تەسەللى يەتكۈزگۈچىمۇ بولاتتىم».

23:29 **«كېيىنكى يامغۇر»** ــ پەلەستىندە 3-ئايدا ياغىدۇ. ئۇ ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنى پىشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ھەربىر دېھقان «كېيىنكى يامغۇر»غا تەشنادۇر، ئۇلار ئۇنى بەك قەدىرلەيدۇ

24:29 **«ئۈمىدسىزلەنگىنىدە مەن ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتىم، يۈزۈمدىكى نۇرنى ئۇلار يەرگە چۈشۈرمەيتتى»** ــ ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىش سەل تەس. بەلكىم ئۇنىڭ مەنىسى: «مېنىڭ ئۇلارغا ئۈمىد يەتكۈزىدىغان يۈزۈمنىڭ نۇرى مەغلۇپ بولغان ئەمەس» ــ دېمەك، مەن ئۇلارغا بەرگەن ئۈمىد يوقىقا چىققان ئەمەس، دېمەكچى. باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «مېنىڭ يۈز نۇرۇم ئۇلارغا چېچىلىشى بىلەنلا ئۇلار قايتا ئۈمىدسىزلەنمىدى». ئىككى خىل تەرجىمىنىڭ مەنىسى بىر-بىرىگە يېقىن. باشقا خىل تەرجىمىلىرىمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن.

25:29 **«مەن ئۇلارغا يولىنى تاللاپ كۆرسىتىپ بېرەتتىم...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەن ئۇلارغا ھاكىم بولۇشقا تاللانغانىدىم؛ ...». **«ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ... قوشۇنلىرى ئارىسىدا تۇرغان پادىشاھدەك ياشايتتىم، بىراق بۇنىڭ بىلەن ماتەم تۇتىدىغانلارغا تەسەللى يەتكۈزگۈچىمۇ بولاتتىم»** ــ گەرچە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى بەك يۇقىرى بولسىمۇ، ئۇ ھېچقاچان ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغانىدى، ئەكسىچە پېشكەللىككە ئۇچرىغۇچىلارغا تەسەللى ھەم ياردەملەرنى بېرىپ تۇراتتى.

## ھازىرقى بەختسىز كۈنلەر

30 [1] ــ «بىراق ھازىر بولسا، ياشلار مېنى مازاق قىلىدۇ،
ئۇلارنىڭ دادىلىرىنى ھەتتا پادامنى باقىدىغان ئىتلار بىلەن
بىللە ئىشلەشكە يول قويۇشنىمۇ يامان كۆرەتتىم.
[2] ئۇلارنىڭ ماغدۇرى كەتكەندىن كېيىن،
قولىدىكى كۈچ ماڭا نېمە پايدا يەتكۈزەلىسۇن؟
[3] يوقسۇزلۇق ھەم ئاچلىقتىن ييگىلەپ كەتكەن،
ئۇلار ئۈزۈندىن بۇيان چۆلدەرەپ كەتكەن دەشت-باياۋاندا قۇرۇق يەرنى
غاجايدۇ.
[4] ئۇلار ئەمەن-شىۋاقنى چاتقاللار ئارىسىدىن يۇلىدۇ،
شۈمبۇيىنىڭ يىلتىزلىرىنىمۇ تېرىپ ئۆزلىرىگە نان قىلىدۇ.
[5] ئۇلار ئەل-يۇرتلاردىن ھەيدىۋېتىلگەن بولىدۇ،
كىشىلەر ئۇلارنى كۆرۈپلا ئوغرىنى كۆرگەندەك ۋارقىراپ تىللايدۇ.
[6] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇرلۇك جىلغىلاردا قونۇپ،
تاشلار ئارىسىدا، غارلار ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.
[7] چاتقاللىق ئارىسىدا ئۇلار ھاڭراپ كېتىدۇ،
تىكەنلەر ئاستىدا ئۇلار دۈگدىيىپ ئولتۇرىشىدۇ؛
[8] نادانلارنىڭ، نام-ئابرۇيىسىزلارنىڭ باللىرى،
ئۇلار زېمىندىن سۈرتۈۋاي ھەيدىۋېتىلگەن.
[9] مەن ھازىر بولسام بۇلارنىڭ ھەجۋىي ناخشىسى،
ھەتتا سۆز-چۆچەكلىرىنىڭ دەستىكى بولۇپ قالدىم!
[10] ئۇلار مەندىن نەپرەتلىنىپ،
مەندىن يىراق تۇرۇپ،
يۈزۈمگە تۈكۈرۈشتىنمۇ يانمايدۇ.
[11] چۈنكى خۇدا مېنىڭ ھايات رىشتىمنى ئۈزۈپ، مېنى جاپاغا
چۆمدۈرگەن،

**9:30** ئايۇپ 6:17؛ زەب. 69:11-12؛ يىغ. 3:14، 63
**10:30** ئايۇپ 19:19

شۇنىڭ بىلەن شۇ ئادەملەر ئالدىمدا تىزگىنلىرىنى ئېلىۋەتكەن.
12 ئوڭ يېنىمدا بىر توپ چۈپرەندە ياشلار ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئۇلار پۇتۇمنى تۇرغان يېرىدىن ئىتتىرىۋەتمەكچى،
ئۇلار سېپىلىمغا ھۇجۇم پەلەمپەيلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؛
13 ئۇلار يولۇمنى بۇزۇۋېتىدۇ،
ئۇلارنىڭ ھېچ يۆلەنچۈكى بولمىسىمۇ،
ھالاكىتىمنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.
14 ئۇلار سېپىلنىڭ كەڭ بۆسۈك جايىدىن بۆسۈپ كىرگەندەك كىرىشىدۇ؛
ۋەيرانىلىكىمدىن پايدىلىنىپ چوڭ تاشلاردەك دومىلاپ كىرىشىدۇ.
15 ۋەھىمىلەر بۇرۇلۇپ مېنى ئۆز نىشانى قىلغان؛
شۇنىڭ بىلەن ھۆرمىتىم شامال ئۆتۈپ يوق بولغاندەك ھەيدىۋېتىلدى،
ئاۋاتچىلىقىممۇ بۇلۇت ئۆتۈپ كەتكەندەك ئۆتۈپ كەتتى.
16 ھازىر بولسا جېنىم قاچىدىن تۆكۈلۈپ كەتكەندەك؛
ئازابلىق كۈنلەر مېنى تۇتۇۋالدى.
17 كېچىلەر بولسا، ماڭا سۆڭەكلىرىمگىچە سانجىماقتا؛
ئاغرىقلىرىم مېنى چىشلەپ دەم ئالمايدۇ.
18 ئاغرىقلار زور كۈچى بىلەن ماڭا كىيىم-كېچەكىمدەك بولدى؛
ئۇلار كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىدەك ماڭا چاپلىشىۋالدى.

12:30 **«ئوڭ يېنىمدا بىر توپ چۈپرەندە ياشلار ئورنىدىن تۇرۇپ...»** ــ بۇ ياشلار بەلكىم يۇقىرىدا دېيىلگەن مىسكىنلەردىن باشقا بىر توپ كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن.
14:30 **«ئۇلار ، يەنى ئاشۇ ياشلار سېپىلنىڭ كەڭ بۆسۈك جايىدىن بۆسۈپ كىرگەندەك كىرىشىدۇ... چوڭ تاشلاردەك دومىلاپ كىرىشىدۇ»** ــ ئەگەر (بىز 2-بابتا ئىزاھات قىلغىنىمىزدەك) ئايۇپ شەھەر سىرتىدىكى چوڭ كۆل دۆۋىسىدە ئولتۇرغان بولسا، ئۇ مۇنداق ياشلارنىڭ مازاق قىلىشىدىن ھېچ قوغدىنىۋچىسىز قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ياشلار بەلكىم ئۇنىڭ ھازىرقى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ ئەسلىدە بىر تەرەپ قىلغان ئىشلارنى ھازىر ئۆز مەنپەئىتىگە بۇرايدۇ
18:30 **«ئاغرىقلار زور كۈچى بىلەن ماڭا كىيىم-كېچەكىمدەك بولدى؛ ئۇلار كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىدەك ماڭا چاپلىشىۋالدى»** ــ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: ــ «زور كۈچ بىلەن كىيىم-كېچەكىم ماكچىيىپ كەتتى؛ ماڭا كۆڭلەكىنىڭ ياقىسى چاپلىشىپ كەتتى»، ئەسلى تېكىستىنى

19 خۇدا مېنى سازلىققا تاشلىۋەتكەن،
مەن توپا-چاڭغا ۋە كۈلگە ئوخشاش بولۇپ قالدىم.
20 مەن ساڭا نالە-پەرياد كۆتۈرمەكتىمەن،
بىراق سەن ماڭا جاۋاب بەرمەيسەن؛
مەن ئورنۇمدىن تۇرسام، سەن پەقەتلا ماڭا قاراپلا قويىسەن.
21 سەن ئۆزگىرىپ ماڭا بىر زالىم بولدۇڭ؛
قولۇڭنىڭ كۈچى بىلەن ماڭا زەربە قىلىۋاتىسەن؛
22 سەن مېنى كۆتۈرۈپ شامالغا مىندۈرگەنسەن؛
بوران-چاپقۇندا تەئەللۇقاتىمنى يوق قىلىۋەتكەنسەن.
23 چۈنكى سەن مېنى ئاخىرىدا ئۆلۈمگە،
يەنى بارلىق ھايات ئىگىلىرىنىڭ «يىغىلىش ئۆيى»گە
كەلتۈرىۋاتىسەن.
24 ئۇ ھالاك قىلغان ۋاقىتتا كىشىلەر نالە-پەرياد كۆتۈرسىمۇ،
ئۇ قولىنى ئۇزاتقاندا، دۇئانىڭ دەرۋەقە ھېچقانداق نەتىجىسى يوق؛
25 مەن كۈنلىرى تەس كىشى ئۈچۈن يىغلاپ دۇئا قىلغان ئەمەسمۇ؟

چۈشىنىش سەل تەس. يەنە باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ (خۇدا) زور كۈچ بىلەن كىيىم-كېچەكلىرىمنى تۇتۇۋالدى؛ ئۇ ماڭا كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسى چاپلاشقاندەك مېنى باغلاپ قويىدى».

22:30 **«سەن مېنى كۆتۈرۈپ شامالغا مىندۈرگەنسەن؛ بوران-چاپقۇندا تەئەللۇقاتىمنى يوق قىلىۋەتكەنسەن»** — ئويلايمىزكى، قارا قۇيۇن ئاستا-ئاستا ئۇلارغا يېقىنلىشىۋاتىدۇ.

23:30 ئىبر. 27:9

24:30 **«ئۇ ھالاك قىلغان ۋاقىتتا كىشىلەر نالە-پەرياد كۆتۈرسىمۇ، ئۇ قولىنى ئۇزاتقاندا، دۇئانىڭ دەرۋەقە ھېچقانداق نەتىجىسى يوق»** — بۇ جۈملىنى ئۈچ خىل تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. بىرىنچىسى، يۇقىرىقى تەرجىمە. ئىككىنچىسى بولسا، «شۈبھىسىزكى ئادەم دەرد-ئەلەمدىن نالە-پەرياد كۆتۈرگىنىدە، ۋەيران قىلىنغان كىشىگە كىم قول تەگكۈزۈپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ؟». ئۈچىنچى خىل تەرجىمىسى «ئادەم يىقىلىپ كېتىۋاتقىنىدا قولىنى مىدىرلىتىپ قويىمامدۇ؟ ئۇ ھالاك بولاي دېگىنىدە نالە-پەرياد كۆتۈرۈشكە بولمامدۇ؟». ئەسلى ئىبرانىيچە تېكىستنى چۈشىنىش سەل تەس.

**نامراتلار ئۇچۇن جېنىم ئازابلانمىدىمۇ؟**
**26 مەن ئۆزۈم ياخشىلىق كۈتۈپ يۈرگىنىم بىلەن، يامانلىق كېلىپ**
**قالدى؛**
**نۇر كۈتكىنىم بىلەن، قاراڭغۇلۇق كەلدى.**
**27 ئىچىم قازاندەك قايناپ، ئاراملىق تاپمايۋاتىدۇ؛**
**ئازابلىق كۈنلەر ماڭا يۈزلەندى.**
**28 مەن قۇياش نۇرىنى كۆرمەيمۇ قارىداپ يۈرمەكتىمەن؛**
**خالايىق ئارىسىدا مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، نالە-پەرياد كۆتۈرىمەن.**
**29 مەن چىلبۆرىلەرگە قېرىنداش بولۇپ قالدىم،**
**ھۇۋقۇشلارنىڭ ھەمراھى بولدۇم.**
**30 تېرەم قارىيىپ مەندىن ئاجراپ كېتىۋاتىدۇ،**
**سۆڭەكلىرىم قىزىقتىن كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ.**
**31 چىلتارىمدىن ماتەم مەرسىيەسى چىقىدۇ،**
**نېيىمنىڭ ئاۋازى ھازا تۇتقۇچىلارنىڭ يىغىسىغا ئايلىنىپ قالدى».**

---

25:30 **«مەن كۈنلىرى تەس كىشى ئۈچۈن يىغلاپ دۇئا قىلغان ئەمەسمۇ؟ نامراتلار ئۈچۈن جېنىم ئازابلانمىدىمۇ؟»** — ئەمدى كىم ئايۇپ ئۈچۈن يىغلايدۇ؟ نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورىسەن، دېگەن گەپ توغرىمۇ؟

**25:30** زەب. 13،14:35؛ رىم. 15:12

27:30 **«ئىچىم قازاندەك قايناپ، ئارامليق تاپمايۋاتىدۇ؛ ئازابلىق كۈنلەر ماڭا يۈزلەندى»** — ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ ئۈمىد قالمىغاندەك قىلاتتى.

28:30 **«مەن قۇياش نۇرىنى كۆرمەيمۇ قارىداپ يۈرمەكتىمەن»** — بۇنىڭ ئىككى مەنىسى بار: (1) ئايۇپنىڭ تېنى كېسەلدىن قارىداپ كەتتى؛ (2) ئۇ ئۆزى ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ قارا كىيىم كىيگەن. بۇ ئىككى ئەھۋال تەڭ بولۇشى مۇمكىن.

29:30 **«ھۇۋقۇشلارنىڭ...»** — ياكى «تۆگىقۇشلارنىڭ...». **«مەن چىلبۆرىلەرگە قېرىنداش بولۇپ قالدىم، ھۇۋقۇشلارنىڭ ھەمراھى بولدۇم»** — چىلبۆرىلەر ھەم ھۇۋقۇشلار چۆل-باياۋانلاردا ئايۇپتەك يېگانە ياشايدۇ؛ ئىككىلىسى ئايۇپتەك ناھايىتى مۇڭلۇق نالە-پەرياد كۆتۈرىدۇ.

**29:30** ئايۇپ 14:17؛ زەب. 6:102؛ مك. 8:1

**30:30** زەب. 83:119؛ يىغ. 8:4؛ 10:5

31:30 **«نېيىمنىڭ...»** — يەنى، «مېنىڭ «نەي»ىمنىڭ...»

## ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قەسەم ئىچىش

31 [1] «مەن كۆزۈم بىلەن ئەھدىلەشكەن؛
شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قانداقمۇ قىزلارغا ھەۋەس قىلىپ كۆز
تاشلاپ يۈرەي؟
[2] ئۇنداق قىلسام ئۈستۈمدىكى تەڭرىدىن ئالىدىغان نېسىۋەم نېمە بولار؟
ھەممىگە قادىردىن ئالىدىغان مىراسىم نېمە بولار؟
[3] بۇ گۇناھنىڭ نەتىجىسى ھەققانىيسىزلارغا بالا-قازا ئەمەسمۇ؟
قەبىھلىك قىلغانلارغا كۈلپەت ئەمەسمۇ؟
[4] ئۇ مېنىڭ يوللىرىمنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟
ھەربىر قەدەملىرىمنى ساناپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟
[5] ئەگەر ساختىلىقتا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان بولسامئىدى!
ئەگەر پۇتۇم ئالدامچىلىق بىلەن بىللە بولۇشقا ئالدىرىغان بولسا،
[6] (مەن ئادىللىق مىزانىغا قويۇلغان بولسامئىدى!
ئۇنداقتا تەڭرى ئەيىبسىزلىكىمدىن خەۋەر ئالالايتتى!)
[7] ئەگەر قەدىمىم يولدىن چىققان بولسا، كۆڭلۈم كۆزۈمگە ئەگىشىپ
ماڭغان بولسا،
ئەگەر قولۇمغا ھەرقانداق داغ چاپلاشقان بولسا،
[8] ئۇنداقتا مەن تېرىغاننى باشقا بىرسى يېسۇن!
بىخلىرىم يۇلۇنۇپ تاشلىنىۋېتىلسۇن!
[9] ئەگەر قەلبىم مەلۇم بىر ئايالدىن ئازدۇرۇلغان بولسا،

1:31 **«مەن كۆزۈم بىلەن ئەھدىلەشكەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قانداقمۇ قىزلارغا ھەۋەس قىلىپ كۆز تاشلاپ يۈرەي؟»** — مانا بىز بۇ يەردىن ئايۇپنىڭ ئۆزىنىڭ بىردىن بىر ھەمرىيى بولغان ئايالىغا سادىق بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ ئۆز ئايالىغا پەقەت سىرتتىن قارىغاندىلا ئەمەس، بەلكى چىن يۈرىكىدىن ساداقەتمەن ئىدى. ئۇ بۇ بابتا نىشان قىلغان پەزىلەت، مەسىھ ئەيسا ئىنجىلدا تەلەپ قىلغان پەزىلەتكە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ (يەنى، ئادەمنىڭ قەلب-ئويلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەققانىيلىق ھەم مېھىر-مۇھەببەت). ئىنجىل، «ماتتا» 5-7-بابنى كۆرۈڭ.

**4:31** 2تار. 9:16؛ ئايۇپ 21:34؛ پەند. 21:5؛ 3:15؛ يەر. 19:32

8:31 **«بىخلىرىم يۇلۇنۇپ تاشلىنىۋېتىلسۇن!»** — «بىخلىرىم» دېگەن سۆزنىڭ «بالىلىرىم» دېگەن كۆچمە مەنىسىمۇ بار.

شۇ نىيەتتە قوشنامنىڭ ئىشىك ئالدىدا پايلاپ تۇرغان بولسام،
10 ئۆز ئايالىم باشقىلارنىڭ تۈگمىنىنى تارتىدىغان كۈنگە قالسۇن،
باشقىلار ئۇنى ئاياق ئاستى قىلسۇن.
11 چۈنكى بۇ ئەشەددىي نومۇسلۇق گۇناھتۇر؛
ئۇ سوراقچىلار تەرىپىدىن جازالىنىشى كېرەكتۇر.
12 بۇ گۇناھ بولسا ئادەمنى ھالاك قىلغۇچى ئوتتۇر؛
ئۇ مېنىڭ بارلىق تاپقانلىرىمنى يۇلۇپ ئالغان بولاتتى.
13 ئەگەر قۇلۇمنىڭ ياكى دېدىكىمنىڭ ماڭا قارىتا ئەرزى بولغان بولسا،
ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى كۆزۈمگە ئىلمىغان بولسام،
14 ئۇنداقتا تەڭرى مېنى سوراققا تارتىشقا ئورنىدىن تۇرغاندا قانداق قىلىمەن؟
ئەگەر ئۇ مەندىن سوئال-سوراق ئالىمەن دەپ كەلسە،
مەن ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟
15 مېنى بالىياتقۇدا ئاپىرىدە قىلغۇچى ئۇلارنىمۇ ئاپىرىدە قىلغان ئەمەسمۇ.
مەن بىلەن ئۇ ئىككىمىزنى ئانىلىرىمىزنىڭ بالىياتقۇسىدا تۆرەلدۈرگۈچى بىر ئەمەسمۇ؟
16 ئەگەر مىسكىنلەرنى ئۆز ئارزۇ-ئۈمىدلىرىدىن توسقان بولسام،
ئەگەر تۇل خوتۇنىنىڭ كۆز نۇرىنى قاراڭغۇلاشتۇرغان بولسام،
17 ياكى ئۆزۈمنىڭ بىر چىشلەم نېنىمنى يالغۇز يېگەن بولسام،
ئۇنى يېتىم-يېسىر بىلەن بىللە يېمىگەن بولسام
18 (ئەمەلىيەتتە ياش ۋاقتىمدىن تارتىپ ئوغلى ئاتا بىلەن بىللە بولغاندەك ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە تۇرغانىدى،

---

**9:31** ئايۇپ 15:24؛ پەند. 25:7

10:31 **«ئۆز ئايالىم باشقىلارنىڭ تۈگمىنىنى تارتىدىغان كۈنگە قالسۇن»** — باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «ئايالىم باشقا بىرسى بىلەن بىللە بولسۇن».

**14:31** زەب. 44:20-21

**15:31** ئايۇپ 19:34؛ پەند. 31:14؛ 5:17

ئاپامنىڭ قورسىقىدىن چىققاندىن تارتىپلا تۇل خوتۇننىڭ يۆلەنچۈكى بولۇپ كەلدىم)،
[19] ئەگەر كىيىم-كېچەك كەملىكىدىن ھالاك بولاي دېگەن بىرىگە،
ياكى چاپانسىز بىر يوقسۇلغا قاراپ ئولتۇرغان بولسام،
[20] ئەگەر ئۇنىڭ بەللىرى كىيىمسىز قېلىپ ماڭا بەخت تىلىمىگەن بولسا،
ئەگەر ئۇ قوزىلىرىمنىڭ يۇڭىدا ئىسسىنمىغان بولسا،
[21] ئەگەر شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا «ھۆكۈم چىقارغانلار ئارىسىدا مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم بار» دەپ،
يېتىم-يېسىرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قول كۆتۈرگەن بولسام،
[22] ئۇنداقتا مۈرەم تاغىقىدىن ئاجرىلىپ چۈشسۇن!
بىلىكىم ئۇگىسىدىن سۇنۇپ كەتسۇن!
[23] چۈنكى تەڭرى چۈشۈرگەن بالايىئاپەت مېنى قورقۇنچقا سالماقتا ئىدى،
ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ئۇنداق ئىشلارنى قەتئىي قىلالمايتتىم.
[24] ئەگەر ئالتۇنغا ئىشىنىپ ئۇنى ئۆز تايانچىم قىلغان بولسام،
ياكى ساپ ئالتۇنغا: «يۆلەنچۈكۈمسەن!» دېگەن بولسام،
[25] ئەگەر بايلىقلىرىم زور بولغانلىقىدىن،
ياكى قولۇم ئالغان غەنىيمەتتىن شادلىنىپ كەتكەن بولسام،
[26] ئەگەر مەن قۇياشنىڭ جۇلاسىنى چاچقانلىقىنى كۆرۈپ،
ياكى ئاينىڭ ئايدىڭدا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ،
[27] كۆڭلۈم ئاستىرتىن ئازدۇرۇلغان بولسا،
شۇنداقلا بۇلارغا چوقۇنۇپ ئاغزىم قولۇمنى سۆيگەن بولسا،
[28] بۇمۇ سوراقچى ئالدىدا گۇناھ دەپ ھېسابلىناتتى،
چۈنكى شۇنداق قىلغان بولسام مەن يۇقىرىدا تۇرغۇچى تەڭرىگە

---

**24:31** مار. 24:10؛ 1تىم. 17:6
**25:31** زەب. 10:62
**26:31** قان. 19:4

ۋاپاسىزلىق قىلغان بولاتتىم.
29 ئەگەر ماڭا نەپرەتلەنگەن كىشىنىڭ ھالاكىتىگە قارىغىنىمدا شادلىنىپ كەتكەن بولسام،
بېشىغا كۈلپەت چۈشكەنلىكىدىن خۇشال بولغان بولسام ــ
30 (ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇگەشسۇن دەپ قارغاپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ ئاغزىمنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە يول قويمىغانمەن)
31 ئەگەر چېدىرىمدىكىلەر مەن توغرۇلۇق: «خوجايىنىمىزنىڭ داستىخىنىدىن يەپ تويۇنمىغان قېنى كىم بار؟» دېمىگەن بولسا،
32 (مۇساپىرلاردىن كوچىدا قالغىنى ئەزەلدىن يوقتۇر؛
چۈنكى ئىشىكىمنى ھەردائىم يولۇچىلارغا ئېچىپ كەلگەنمەن)
33 ئەگەر ئادەمئاتىمىزدەك ئىتائەتسىزلىكلىرىمنى ياپقان،
قەبىھلىكىمنى كۆڭلۈمگە يوشۇرغان بولسام،
34 ھەمدە شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل خالايىق ئالدىدا ئۇنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن قورقۇپ يۈرگەن بولسام،
جەمئىيەتنىڭ كەمسىتىشلىرى ماڭا ۋەھىمە قىلغان بولسا،
شۇنىڭ بىلەن مەن تالاغا چىقماي يۈرگەن بولسام،...

---

**29:31** پەند. 5:17

**30:31** مات. 44:5؛ رىم. 14:12

**31:31** **«ئەگەر چېدىرىمدىكىلەر مەن توغرۇلۇق: «خوجايىنىمىزنىڭ داستىخىنىدىن يەپ تويۇنمىغان قېنى كىم بار؟» دېمىگەن بولسا...»** ــ دەرۋەقە، ئايۇپنىڭ بۇ گېپى ھەم شۇنچىغا ئوخشاش نۇرغۇن سۆزلىرى ھەقىقەت بولمىغان بولسا، ئەمدى ئۆز يۈرتىدىكىلەر، چېدىردىكىلەر ئۇنى ئاڭلاپلا گۇۋاھلىق قىلىپ دەرھال ئىنكار قىلاتتى.

**32:31** ئىبر. 2:13؛ 1پېت. 9:4

**34:31** **«ئەگەر ئادەمئاتىمىزدەك ئىتائەتسىزلىكلىرىمنى ياپقان... ... جەمئىيەتنىڭ كەمسىتىشلىرى ماڭا ۋەھىمە قىلغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن مەن تالاغا چىقماي يۈرگەن بولسام،...»** ــ (33-34-ئايەت) ئەسلىدە ئادەمئاتىمىز گۇناھىنى خۇدادىن يوشۇرماقچى بولۇپ دەرەخلەر ئىچىگە مۆكۈۋالغانىدى. ئەمىلىيەتتە ئادەم ئۆز گۇناھلىرىنى خۇدانىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلسىلا دەرھال ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنداق قارايمىزكى، ئايۇپ مۇشۇ يەردە «ئەگەر گۇناھ قىلغان بولسام، خۇدانىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلاتتىم؛ ئۇنداقتا خالايىقتىن ھېچ قورقمايتتىم» دېمەكچى.

35 ــ ئاھ، ماڭا قۇلاق سالغۇچى بىرسى بولسىدى!
مانا، ئىمزايىمنى قويۇپ بېرەي؛
ھەممىگە قادىر ماڭا جاۋاب بەرسۇن!
رەقىبىم مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز يازسۇن!
36 شۇ ئەرزنى زىممەمگە ئارتاتتىم ئەمەسمۇ؟
چوقۇم تاجلاردەك بېشىمغا كىيىۋالاتتىم.
37 مەن ئۇنىڭغا قەدەملىرىمنىڭ پۈتۈن سانىنى ھېسابلاپ بېرەتتىم؛
شاھزادىدەك مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باراتتىم.
38 ئەگەر ئۆز ئېتىزلىرىم ماڭا قارشى گۇۋاھ بولۇپ چۇقان كۆتۈرسە،
ئۇنىڭ چۆنەكلىرى بىلەن بىرگە يىغلاشسا،
39 چۈنكى چىقارغان مېۋىسىنى ھەق تۆلىمەي يېگەن بولسام،
ھۆددىگەرلەرنى ھالسىزلاندۇرۇپ نەپسىنى توختاتقان بولسام،
40 ئۇنداقتا بۇغداينىڭ ئورنىدا شۇمبۇيا ئۈنسۇن!
ئارپىنىڭ ئورنىدا مەستەك ئۈنسۇن.

مانا شۇنىڭ بىلەن مەن ئايۇپنىڭ سۆزلىرى تامام ۋەسسالام!»

---

—بەزى ئادەملەرنىڭ گۇناھ قىلماسلىقىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بولىدۇ ــ يەنى خالايىقنىڭ پىكرىدىن بولغان قورقۇنچىسىدىنلا، خالاس. ئايۇپ ھەرگىز بۇنداق خىلدىكى ئادەملەردىن ئەمەس، ھەردائىم خۇدانى ئۆز ئالدىدا ئەك ئالىي ئورۇنغا قويىدۇ.

35:31 «ھەممىگە قادىر ماڭا جاۋاب بەرسۇن! رەقىبىم مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز يازسۇن!» ــ بىز «مېنىڭ رەقىبىم» دېگەن بۇ سۆزنى يەنىلا خۇدانى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەھلىل قىلىمىز. يەنە بەزى شەرھچىلەر ئۇنى ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستىلىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

37:31 «مەن ئۇنىڭغا قەدەملىرىمنىڭ پۈتۈن سانىنى ھېسابلاپ بېرەتتىم» ــ «ئۇنىڭغا» يەنى خۇداغا، دېمەكچى.

40:31 «ئارپىنىڭ ئورنىدا مەستەك ئۈنسۇن!» ــ «مەستەك» بۇغدايغا زىيان يەتكۈزىدىغان بىرخىل ئۆسۈملۈك؛ يەنە «كۈرمەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## ياش يىگىت ئېلىخۇ سۆز قىلىدۇ
## ئۇ خۇدانىڭ روھىدىن كەلگەن تەلىم توغرىسىدا سۆزلەيدۇ
## «ھەممىگە قادىرنىڭ روھى ئادەمگە تەلىم بېرىدۇ»

32
1 شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ كىشى ئايۇپقا جاۋاب بېرىشتىن
توختىدى؛ چۈنكى ئۇلار ئايۇپنىڭ قارىشىدا ئۆزىنى ھەققانىي
دەپ تونۇيدىغانلىقىنى بىلدى.
2 ئاندىن بۇزىلىق رامنىڭ ئائىلىسىدىن بولغان باراخەلنىڭ ئوغلى
ئېلىخۇ ئىسىملىك يىگىتنىڭ غەزىپى قوزغالدى؛ ئۇنىڭ غەزىپى
ئايۇپقا قارىتا قوزغالدى، چۈنكى ئۇ خۇدانى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى
توغرا ھېسابلىغانىدى؛ 3 ئۇنىڭ غەزىپى ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستلىرىغىمۇ
قارىتىلدى، چۈنكى ئۇلار ئايۇپقا رەددىيە بەرگۈدەك سۆز تاپالماي
تۇرۇپ، يەنىلا ئۇنى گۇناھكار دەپ بېكىتكەنىدى. 4 بىراق ئېلىخۇ
بولسا ئايۇپقا جاۋاب بېرىشنى كۈتكەنىدى، چۈنكى بۇ تۆتەيلەننىڭ
كۆرگەن كۈنلىرى ئۆزىدىن كۆپ ئىدى. 5 ئېلىخۇ بۇ ئۈچ دوستىنىڭ
ئاغزىدا ھېچقانداق جاۋابى يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
غەزىپى قوزغالدى.
6 شۇنىڭ بىلەن بۇزىلىق باراخەلنىڭ ئوغلى ئېلىخۇ ئېغىز ئېچىپ
جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
«مەن بولسام ياش، سىلەر بولساڭلار ياشانغانسىلەر؛
شۇنداق بولغاچقا مەن تارتىنىپ، بىلگەنلىرىمنى سىلەرگە ئايان
قىلىشتىن قورقۇپ كەلدىم.
7 مەن: «يېشى چوڭ بولغانلار ئاۋۋال سۆزلىشى كېرەك؛

---

2:32 **«بۇزىلىق...ئېلىخۇ»** ــ توغرۇلۇق: «بۇز» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جەمەتنىڭ ئېدوم مىللىتى بىلەن، يەنى «ئۆلۈك دېڭىز»نىڭ شەرق تەرىپىدە تۇرىدىغان بىر مىللەت بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئېلىخۇ بەلكىم بۇ جەمەتتىكىلەردىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئادەم دەسلەپتە بىزگە تونۇشتۇرۇلمىغان؛ بىراق ئۇ چوقۇم بۇ تۆتەيلەننىڭ يېنىدا ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئىدى.

**6:32** ئايۇپ 4:32، 7؛ 10:15

يىللار كۆپەيسە، ئادەمگە دانالىقنى ئۆگىتىدۇ»، دەپ قارايتتىم؛
8 بىراق ھەربىر ئىنساندا روھ بار؛
ھەممىگە قادىرنىڭ نەپەسى ئۇنى ئەقىل-ئىدراكلىق قىلىپ يورۇتىدۇ.
9 لېكىن چوڭلارنىڭ دانا بولۇشى ناتايىن؛
قېرىلارنىڭ توغرا ھۆكۈم چىقارالىشىمۇ ناتايىن.
10 شۇڭا مەن: «ماڭا قۇلاق سېلىڭلار» دەيمەن،
مەنمۇ ئۆز بىلگىنىمنى بايان ئەيلەي.
11 مانا، سىلەر توغرا سۆزلەرنى ئىزدەپ يۈرگىنىڭلاردا،
مەن سۆزلىرىڭلارنى كۈتكەنمەن؛
سىلەرنىڭ مۇنازىرەڭلارغا قۇلاق سالاتتىم؛
12 شۇنداق، سىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن قۇلاق سالدىم؛
بىراق سىلەردىن ھېچقايسىڭلار ئايۇپقا رەددىيە بەرمىدىڭلار،
ھېچقايسىڭلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بېرەلمىدىڭلاركى،
13 سىلەر: «ھەقىقەتەن دانالىق تاپتۇق!» دېيەلمەيسىلەر؛
ئىنسان ئەمەس، بەلكى تەڭرى ئۇنىڭغا رەددىيە قىلىدۇ.

---

7:32 «**يېشى چوڭ بولغانلار**» ــ ئىبرانىي تىلدا «كۈنلىرى كۆپ بولغانلار». «**يىللار كۆپەيسە، ئادەمگە دانالىقنى ئۆگىتىدۇ**» ــ ياكى «ياشانغان ئادەم كىشىلەرگە دانالىقنى ئۆگىتىدۇ».

8:32 «**بىراق ھەربىر ئىنساندا روھ بار؛ ھەممىگە قادىرنىڭ نەپەسى ئۇنى ئەقىل-ئىدراكلىق قىلىپ يورۇتىدۇ**» ــ شۈبھىسىزكى، ئېلىخۇنىڭ بۇ سۆزى ئۇ چۈشىنىپ يەتكەن چوڭ ھەقىقەتلەرنىڭ بىرىدۇر. تۆتەيلەن جۈملىدىن ئايۇپنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى تىلغا كۆپ ئالمىغان. ئېلىخۇ خۇدانىڭ روھى (مۇقەددەس روھ) ھەربىر ئىنسانغا ئۆزىنىڭ روھى ھەم ۋىجدانى ئارقىلىق ۋەھيي بېرىپ، سۆز قىلىپ ساۋاق ئۆگىتىدۇ دېگەن تەلىمنى بېرىدۇ. ئىنساننىڭ خۇدانىڭ روھىنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئۇ كېيىن ئازراق سۆزلەيدۇ.

**8:32** ئايۇپ 13:12؛ 36:38؛ پەند. 6:2؛ توپ. 26:2؛ دان. 17:1؛ 21:2

**9:32** ئايۇپ 12:12

13:32 «**سىلەر: «ھەقىقەتەن دانالىق تاپتۇق!» دېيەلمەيسىلەر، ئىنسان ئەمەس، بەلكى تەڭرى ئۇنىڭغا رەددىيە قىلىدۇ**» ــ ئېلىخۇ: ئۈچ دوستىنىڭ ئايۇپنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەرگۈدەك جاۋابنى تاپالمىغانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۆز پىكرى-تەجرىبىسىگە تايانغانلىقى، خۇدانىڭ ئۆزىدىنلا بىۋاسىتە دانالىق ئىزدىمىگەنلىكىدىن بولدى، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ كۆزقارىشى بۇ جەھەتتىن توغرا بولۇشى مۇمكىن.

14 ئۇنىڭ جەڭگە تىزىلغان ھۇجۇم سۆزلىرى ماڭا قارىتىلغان ئەمەس؛
ھەممەن بولسام سىلەرنىڭ گەپلىرىڭلار بويىچە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيمەن
15 (بۇ ئۈچەيلەن ھەيرانۇھەس بولۇپ، قايتا جاۋاب بېرىشمىدى؛
ھەممە سۆز ئۇلاردىن ئۇچۇپ كەتتى.
16 مەن كۈتۈپ تۇراتتىم، چۈنكى ئۇلار گەپ قىلمىدى، بەلكى جىمجىت
ئۆرە تۇرۇپ قايتا جاۋاب بەرمىدى)؛
17 ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نۆۋىتىدە مەن جاۋاب بېرەي،
مەنمۇ بىلگىنىمنى كۆرسىتىپ بېرەي.
18 چۈنكى دېيدىغان سۆزلىرىم لىق تولدى؛
ئىچىمدىكى روھ ماڭا تۈرتكە بولدى؛
19 مانا، قورسىقىم ئېچىلمىغان شاراب تۇلۇمىغا ئوخشايدۇ؛
يېڭى شاراب تۇلۇملىرى پارتلاپ كېتىدىغاندەك پارتلايدىغان بولدى.
20 شۇڭا مەن سۆز قىلىپ ئىچىمنى بوشىتاي؛
مەن لەۋلىرىمنى ئېچىپ جاۋاب بېرەي.
21 مەن ھېچكىمگە يۈز-خاتىرە قىلمايمەن؛
ۋە ياكى ھېچ ئادەمگە خۇشامەت قىلمايمەن.
22 مەن خۇشامەت قىلىشنى ئۆگەنمىگەنمەن؛ ئۇنداق بولىدىغان بولسا،
ياراتقۇچىم چوقۇم تېزلا مېنى ئېلىپ كېتىدۇ».

---

16:32 **«بۇ ئۈچەيلەن ھەيرانۇھەس بولۇپ، ... مەن كۈتۈپ تۇراتتىم، چۈنكى ئۇلار ... جىمجىت ئۆرە تۇرۇپ قايتا جاۋاب بەرمىدى»** — بۇ سۆزلەر (15-16-ئايەت) بىزگە كىتابنىڭ يازغۇچىسىنىڭ، يەنى بۇ ئىشلارنى خاتىرىلىگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن يىپ ئۇچى تەمىنلەيدۇ. كىتابتىكى نەسرىي (شېئىرىيەت شەكلىدە بولمىغان) قىسىملاردا پەقەت بۇ يەردىلا «مەن» دېگەن ئالماشنى ئۇچرىتىمىز. شۇڭا بىز شۇنداق قارايمىزكى، مەزكۇر كىتابنى يازغۇچى ئېلىخۇ بولۇشى كېرەك. بىز ئۇنىڭ ئەرشتە بولغان كېڭەشلەردىن قانداق خەۋەردار بولغانلىقىنى بىلمەيمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ ئۆزى بايان قىلغاندەك «ھەربىر ئادەمگە تەلىم بەرگۈچى بولغان خۇدانىڭ روھى»نىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق شۇ ئىشلارنى بىلگەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشلارنى خاتىرە قالدۇرغان بولسا كېرەك.

18:32 **«ئىچىمدىكى روھ ماڭا تۈرتكە بولدى»** — ئېلىخۇ ئىككىنچى قېتىم مۇقەددەس روھنىڭ تەسىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ئايۇپقا بەرمەكچى بولغان تەلىمنى دەل مۇشۇ روھتىن كەلگەن، دېمەكچى

22:32 **«مەن خۇشامەت قىلىشنى ئۆگەنمىگەنمەن؛ ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ياراتقۇچىم**

## ئېلىخۇنىڭ بىرىنچى بايانى ـ خۇدا ئادەملەرگە بەرگەن تەربىيىلەر

33
1 «ئەمدىلىكتە، ئى ئايۇپ، بايانلىرىمغا قۇلاق سالغايسەن،
سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ چىققايسەن.
2 مانا ھازىر لەۋلىرىمنى ئاچتىم،
ئاغزىمدا تىلىم گەپ قىلىدۇ.
3 سۆزلىرىم كۆڭلۈمدەك دۇرۇس بولىدۇ،
لەۋلىرىم ساپ بولغان تەلىمنى بايان قىلىدۇ.
4 تەڭرىنىڭ روھى مېنى ياراتقان؛
ھەممىگە قادىرنىڭ نەپسى مېنى جانلاندۇرىدۇ.
5 جاۋابىڭ بولسا، ماڭا رەددىيە بەرگىن؛
سۆزلىرىڭنى ئالدىمغا سەپكە قويۇپ جەڭگە تەييار تۇرغىن!
6 مانا، تەڭرى ئالدىدا مەن ساڭا ئوخشاش بەندىمەن؛

---

**چوقۇم تېزلا مېنى ئېلىپ كېتىدۇ»** ــ شۈبھىسىزكى، ھېچكىمگە يۈز-خاتىرە قىلماسلىق توغرىدۇر؛ بۇ لىللا گەپ قىلىشتىكى ئالدىنقى بىر شەرت. بىراق ئېلىخۇ ئايۇپنىڭ «**خۇداغا** خۇشامەت قىلىش» گۇناھتۇر، دېگەن سۆزىنى (13-11:7نى كۆرۈڭ) چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى؛ شۇڭا ئېلىخۇ پەقەتلا «**ئادەمگە** خۇشامەت قىلىش» توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

3:33 «**سۆزلىرىم كۆڭلۈمدەك دۇرۇس بولىدۇ، لەۋلىرىم ساپ بولغان تەلىمنى بايان قىلىدۇ»** ــ بىز ئېلىخۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ناھايىتى دۇرۇس، شۇنداقلا خۇدانىڭ روھىنىڭ تەلىمى بىلەن كەلگەن، دەپ قارىساقمۇ، بەزى جايلاردا ئۇ يەنىلا ئۆز ناتىقلىقى بىلەن سۆز قىلىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ ئېلىخۇ مەزكۇر كىتابنىڭ يازغۇچىسى دېگەن پىكرىمىز توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇ جەزمەن بۇ جەھەتتە ئۆز كەمچىلىكىنى سەزمەي قالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىز ئۈچۈن بۇ ئەمەلىي سۆھبەتنى تەسۋىرلەپ قالدۇرغان؛ ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنىمۇ (سۆزمەن بولسىمۇ)بىز ئۈچۈن سەممىيلىك بىلەن خاتىرىلەيدۇ. بەزىدە بىز ھەتتا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنى بىر ھاكاۋۇر ئادەم ئوخشايدۇ دەپ پەرەز قىلىپ قالىمىز. ھالبۇكى، بىزمۇ بىلىپ يېتىشىمىز كېرەككى، مەلۇم كىشىنىڭ سۆزمەن بولۇپ كەتكەنلىكى بىلەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق بولۇشى ناتايىن. بىز ھەممە ئادەمنىڭ سۆزىنى سەۋر-تاقەت ھەم دىققەت بىلەن ئاڭلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

—بۇنىڭدىن سىرت، ئېلىخۇنىڭ شېئىر شەكلىدە بولغان بايانلىرى باشقا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ شېئىرىي سەۋىيىسىگە يەتمەيدۇ. بۇ يەنە ئۇنىڭ بىزگە بۇ ئەمەلىي ئىشلارنى، ئەمەلىي بايانلارنى ئەينى-ئەينى قەيت قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

4:33 «**ھەممىگە قادىرنىڭ نەپسى مېنى جانلاندۇرىدۇ»** ــ ياكى «ھەممىگە قادىرنىڭ نەپسى ماڭا جان بەرگەن».

مەنمۇ لايدىن شەكىللەندۈرۈلۈپ ياسالغانمەن.
7 بەرھەق، مەن ساڭا ھېچ ۋەھىمە سالماقچى ئەمەسمەن،
ۋە ياكى مەن سالغان يۈك ساڭا بېسىم بولمايدۇ.
8 سەن دەرۋەقە قۇلىقىمغا گەپ قىلدىڭكى،
ئۆز ئاۋازىڭ بىلەن: ــ
9 «مەن ھېچ ئىتائەتسىز بولماي پاك بولىمەن؛
مەن ساپ، مەندە ھېچ گۇناھ يوق...
10 مانا، خۇدا مەندىن سەۋەب تېپىپ ھۇجۇم قىلىدۇ،
ئۇ مېنى ئۆز دۈشمىنى دەپ قارايدۇ؛
11 ئۇ پۇتلىرىمنى كىشەنلەرگە سالىدۇ،
ھەممە يوللىرىمنى كۆزىتىپ يۈرىدۇ» ــ دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم.

---

**6:33** ئايۇپ 35:9؛ 10:23

7:33 **«بەرھەق، مەن ساڭا ھېچ ۋەھىمە سالماقچى ئەمەسمەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا ئۇشبۇ ئايەتنى ئايۇپقا باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئېغىر كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بەزى خىياللىرىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئازراق سېزىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**8:33** ئايۇپ 10:7؛ 16:17؛ 10،11:23؛ 5:27

**10:33** ئايۇپ 13:24؛ 16:9؛ 11:19

11:33 **«ئايۇپنىڭ «مەن ھېچ ئىتائەتسىز بولماي پاك بولىمەن؛ مەن ساپ، مەندە ھېچ گۇناھ يوق... مانا، خۇدا مەندىن سەۋەب تېپىپ ... ھەممە يوللىرىمنى كۆزىتىپ يۈرىدۇ» ــ دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم»** ــ (9-11-ئايەتلەر) ئىبرانىي تىلىدا ئايۇپقا: «قۇلىقىمغا مۇنداق گەپ قىلدىڭ» دەپ ئۇنىڭ قىلغان ئۈچ گېپىنى ئەيىبلەيدۇ.
ــبىرىنچىسى سۆز: «مەن ھېچ ئىتائەتسىز بولماي پاك بولىمەن؛ مەن ساپ، مەندە ھېچ گۇناھ يوق...». ئەمەلىيەتتە، ئايۇپ بۇ سۆزلەرنى قىلمىغان؛ ئۇ پەقەت خۇداغا: «ھەربىر گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلىپ كەچۈرۈم قىلىندىم، ھازىر ۋىجدانىمغا خىلاپ ھېچ گۇناھىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان. بۇ سۆز ئۆزىنى پۈتۈنلەي ساپ، پۈتۈنلەي بىگۇناھ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىبرانىي تىلىدا ئۇشبۇ ئايەتنى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ.
ــئىككىنچىسى سۆز: «مانا، خۇدا سەۋەب تېپىپ ماڭا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇ مېنى ئۆز دۈشمىنى دەپ قارايدۇ» ــ بۇ سۆز راستلا 24:13دە ۋە يەنە 7:14دە تېپىلىدۇ.
ــئۈچىنچىسى سۆز: «ئۇ مېنىڭ پۇتلىرىمنى كىشەنلەرگە سالىدۇ، ھەممە يوللىرىمنى كۆزىتىپ يۈرىدۇ» ــ بۇ سۆز 27:13دە تېپىلىدۇ

**11:33** ئايۇپ 27:13؛ 16:14

12 مانا، مەن ساڭا جاۋاب بېرەيكى،
بۇ ئىشتا گېپىڭ توغرا ئەمەس؛
چۈنكى تەڭرى ئىنساندىن ئۇلۇغدۇر.
13 سەن نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىشىپ: ــ
ئۇ ئۆزى قىلغان ئىشلىرى توغرۇلۇق ھېچ چۈشەنچە بەرمەيدۇ» دەپ
يۇرىسەن؟
14 چۈنكى تەڭرى ھەقىقەتەن گەپ قىلىدۇ؛
بىر قېتىم، ئىككى قېتىم،
لېكىن ئىنسان بۇنى سەزمەيدۇ؛
15 چۈش كۆرگەندە، كېچىدىكى غايىبانە ئالامەتتە،
(قاتتىق ئۇيقۇ ئىنسانلارنى باسقاندا،
ياكى ئورۇن-كۆرپىلىرىدە ئۇگدەك باسقاندا) ــ
16 ــ شۇ چاغلاردا ئۇ ئىنسانلارنىڭ قۇلىقىنى ئاچىدۇ،
ئۇ ئۇلارغا بەرگەن نەسىھەتنى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە مۆھۈرلەيدۇ.
17 ئۇنىڭ مەقسىتى ئادەملەرنى يامان يولىدىنياندۇرۇشتۇر،

---

13:33 **«سەن نېمىشقا ... ــ «ئۇ ئۆزى قىلغان ئىشلىرى توغرۇلۇق ھېچ چۈشەنچە بەرمەيدۇ» دەپ يۇرىسەن؟»** ــ ئايۇپ ئەسلىدە «ئۇ ئۆزى قىلغان ئىشلىرى توغرۇلۇق ھېچ چۈشەنچە بەرمەيدۇ» دېمىگەن؛ بەلكى ئۇ خۇدانىڭ **بەزى** قىلغان ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ ئۆز بېشىغا چۈشۈرگەنلىرىنى چۈشەندۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئېلىخۇنىڭمۇ مۇشۇ يېرىدە خاتالىقى بار.
—باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «سەن نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىشىپ: ــ «ئۇ ئىنساننىڭ ھەممە سۆزلىرىگە ھېچ جاۋاب بەرمەيدۇ» دەپ يۇرىسەن؟»».
14:33 **«بىر قېتىم، ئىككى قېتىم»** ــ بەلكىم «بىرىنەچچە قېتىم» ۋە شۇنىڭدەك «ھەرخىل يول بىلەن» دېگەننى كۆرسىتىدىغان بىر ئىبارە بولۇشى مۇمكىن.
16:33 **«... ئۇ ئىنسانلارنىڭ قۇلىقىنى ئاچىدۇ، ئۇ ئۇلارغا بەرگەن نەسىھەتنى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە مۆھۈرلەيدۇ»** ــ بىز ئېلىخۇنىڭ بۇ سۆزىنى ناھايىتى ئەھمىيىتى بار دەپ قارايمىز. ئۇ خۇدا ئۆز روھى ئارقىلىق ئىنسانغا سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپ نەسىھەت قىلىدۇ، دەيدۇ؛ ئەگەر ئىنسان بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالمىسا، خۇدا يەنىلا شەپقىتى بىلەن چۈشلەر ئارقىلىق ئىنسان قۇلىقىنى ئېچىپ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ھەم نەسىھەتنى بېكىتىپ مۆھۈرلەيدۇ.
—ئىككىنچى قۇرنىڭ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «ئۇ ئۇلارنى ئاگاھلار بىلەن قورقۇتىدۇ».

ئىنسانىنى تەكەببۇرلۇقتىن ساقلاشتۇر؛
18 بۇنىڭ بىلەن خۇدا ئادەمنىڭ جېنىنى كۆز يەتمەس ھاڭدىن ياندۇرۇپ،
ساقلايدۇ،
ئۇنىڭ ھاياتىنى قىلىچلىنىشتىن قوغدايدۇ.
19 ياكى بولمىسا، ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىدا ئاغرىق بىلەن،
سۆڭەكلىرىنى ئۆز-ئارا سوقۇشتۇرۇپ بىئارام قىلىش بىلەن،
تەربىيە قىلىنىدۇ.
20 شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تائامدىن نەپرەتلىنىدۇ،
ئۇنىڭ جېنى ھەرخىل نازۇ-نېمەتلەردىن قاچىدۇ.
21 ئۇنىڭ ئېتى كۆزدىن يوقىلىپ كېتىدۇ،
ئەسلىدە كۆرۈنمەيدىغان سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقىدۇ.
22 بۇنىڭ بىلەن جېنى كۆز يەتمەس ھاڭغا يېقىن كېلىدۇ،
ھاياتى ھالاك قىلغۇچى پەرىشتىلەرگە يېقىنلىشىدۇ؛
23 بىراق، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتە تۇرىدىغان كېلىشتۈرگۈچى
بىر پەرىشتە بولسا،
يەنى مىڭنىڭ ئىچىدە بىرسى بولسا،
ئىنسان بالىسىغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان

---

17:33 **«ئۇنىڭ مەقستى ئادەملەرنى يامان يولدىن ياندۇرۇشتۇر، ئىنساننى تەكەببۇرلۇقتىن ساقلاشتۇر»** — ئېلىخۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ مەسىلىسى تەكەببۇرلۇقتىن ئىبارەت. خۇدا ئۆز ئىلتىپاتى ئارقىلىق ئاۋۋال ئىنسانغا روھى ئارقىلىق نەسىھەت قىلىدۇ؛ ئاڭلىمىسا ئۇ چۈشلەر ئارقىلىق نەسىھەتنى بېكىتىدۇ؛ يەنە ئاڭلىمىسا كېسەللىك ياكى باشقا مۈشكۈللۈكلەر بىلەن ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنى ھالاكەتتىن ياندۇرىدۇ (18-22-ئايەتلەر). بۇ جازالاش ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مۇھەببىتىدىن چىققان تەربىيەدۇر؛ ئۇ مانا مۇشۇلار ئارقىلىق ئىنساننى ئۆز تەكەببۇرلۇقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قوغداپ قالىدۇ. ئېلىخۇنىڭ بۇ تەلىمى ئىنسان ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ئېلىخۇنىڭ تەلىمى ئايۇپنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرمىگەن بىلەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئايۇپقا ئازراق پايدىسى تەگكەن بولسا كېرەك؛ ئازاب-ئوقۇبەتلەر بولسا، دەرۋەقە قەلبىدىكى تەكەببۇرلۇقنى ئاشكارىلايدۇ. ئايۇپنىڭ ئاخىرىدا قىلغان تۆۋىلىرى ئاساسەن ئۆز تەكەببۇرلۇقىغا نىسبەتەن بولغان (42-باب).

**20:33** زەب. 18:107

كىلىشتۈرگۈچى بولسا،
24 ئۇنداقتا خۇدا ئۇنىڭغا شەپقەت كۆرسىتىپ: «ئۇنى ھاڭدىن چۈشۈپ
كېتىشتىن قۇتقۇزۇپ قويغىن،
چۈنكى مەن نىجات-قۇتۇلۇشقا كاپالەت ئالدىم» ــ دەيدۇ.
25 بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەتلىرى باللىق ۋاقتىدىكىدىن يۇمران بولىدۇ؛
ئۇ ياشلىقىغا قايتىدۇ.
26 ئۇ تەڭرىگە دۇئا قىلىدۇ، ئۇ شەپقەت قىلىپ ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ،
ئۇ خۇشال-خۇرام تەنتەنە قىلىپ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرىدۇ،
ھەمدە خۇدا ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى ئۆزىگە قايتۇرىدۇ.
27 ئۇ ئادەملەر ئالدىدا كۈي ئېيتىپ: ــ
«مەن گۇناھ قىلدىم،
توغرا يولنى بۇرمىلىغانمەن،
بىراق تېگىشلىك جازا ماڭا بېرىلمىدى!
28 ئۇ روھىمنى ھاڭغا چۈشۈشتىن قۇتقۇزدى،

23:33 **«ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتە تۇرىدىغان كىلىشتۈرگۈچى بىر پەرىشتە بولسا...»** ــ «پەرىشتە» دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە «خەۋەر يەتكۈزگۈچى» دېگەن مەنىدە. تەۋرات بىرىنچى قىسىم («يارىتىلىش») «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نى بىرگە تونۇشتۇرىدۇ؛ بۇ پەرىشتە بىردىنبىر، ناھايىتى سىرلىق زات. ئۇنى كۆرگەنلەرمۇ: «بىز خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرگەن» دېيىشىدۇ. بۇ پەرىشتە «ئۇز يېرى»دە تۇرغان ئىسمائىل ھەم ئانىسى ھەجەرگە كۆرۈنۈپ ئۇلارنى ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتقۇزغان. ھېچ بولمىغاندا، ئېلىخۇ مۇشۇ يەردە ئادەمنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى پەقەت ئىنسان ھەم خۇدا ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان، شۇنداقلا ئىنساندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇنداق بىر زات تەرىپىدىن بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ «خۇدانىڭ پەرىشتىسى» ئېلىخۇ «مىڭدىن بىر» دېگەن بۇ پەرىشتە ئايۇپ ئىلگىرى بېشارەت قىلغان «كېلىشتۈرگۈچى» ھەم «قۇتقۇزغۇچۇم» دېگەن زاتتىن باشقا بىرسى ئەمەس. ئېلىخۇ بۇ يەردە بىزگە يەنىلا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك تەلىم ھەم كارامەت بىر بېشارەتنى بېرىۋاتىدۇ. **«ئىنسان بالىسىغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ...»** ــ ياكى «ئىنسان بالىسىغا ئۇنىڭ (دېمەك، خۇدانىڭ) ھەققانىيلىقى كۆرسىتىپ بېرىدىغان...».

24:33 **«... مەن نىجات-قۇتۇلۇشقا كاپالەت ئالدىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «... مەن نىجات-قۇتۇلۇشقا كاپالەت تاپتىم».

**26:33** زەب. 15:50؛ يەش. 9:58

27:33 **«ئۇ ئادەملەر ئالدىدا كۈي ئېيتىپ: ...»** ــ ياكى «ئۇ ئادەملەرگە قاراپ:...» ياكى «ئۇ ئادەملەر ئالدىدا ئېتىراپ قىلىپ:...».

جېنىم نۇرنى ھۇزۇرلىنىپ كۆرىدۇ» ــ دەيدۇ.
29 مانا، بۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭرى ئادەمنى دەپ،
ئىككى ھەتتا ئۈچ مەرتەم ئايان قىلىدۇ،
30 مەقسىتى ئۇنىڭ جېنىنى ھاڭدىن ياندۇرۇپ قۇتقۇزۇشتۇر،
ئۇنى ھاياتلىق نۇرى بىلەن يورۇتۇش ئۈچۈندۇر.
31 ئى ئايۇپ، ماڭا قۇلاق سالغايسەن؛
ئۈنۈڭنى چىقارما، مەن يەنە سۆز قىلاي.
32 ئەگەر سۆزلىرىڭ بولسا، ماڭا جاۋاب قىلىۋەرگىن؛
سۆزلىگىن! چۈنكى ئىمكانىيەت بولسىلا مېنىڭ سېنى ئاقلىغۇم بار.
33 بولمىسا، مېنىڭكىنى ئاڭلاپ ئولتۇر؛
سۈكۈت قىلغىن، مەن ساڭا دانالىقنى ئۆگىتىپ قوياي».

## ئېلىخۇنىڭ ئىككىنچى بايانى ــ ئايۇپنى يەنە ئەيىبلەش، ياراتقۇچىنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش

34 1 ئېلىخۇ يەنە جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ
2 «ئى دانىشمەنلەر، سۆزلىرىمنى ئاڭلاڭلار،
ئى تەجرىبە-ساۋاقلىق ئادەملەر، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار.
3 ئېغىز تائام تېتىپ باققاندەك،
قۇلاق سۆزنىڭ تەمىنى سىناپ باقىدۇ.
4 ئۆزىمىز ئۈچۈن نېمىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى بايقاپ تاللايلى؛
ئارىمىزدا نېمىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەيلى!

---

29:33 **«ئىككى، ھەتتا ئۈچ مەرتەم ئايان قىلىدۇ»** ــ «ئىككى، ئۈچ مەرتەم» دېگەن سۆز ئادەتتە «بىرنەچچە مەرتەم»نى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۈچ قېتىم بىلەن توختىمايدۇ؛ بۇ بايان خۇدانىڭ بىزگە بولغان چوڭقۇر مېھىر-شەپقىتىنى ئايان قىلىدۇ؛ بىراق ھېچكىم بۇ پاكىتتىن پايدىلىناي دەپ خۇدانىڭ سەۋر-تاقىتىنى سىنىمىسۇن، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش، ئەلۋەتتە!

**30:33** زەب. 13:56

**3:34** ئايۇپ 11:12

5 چۈنكى ئايۇپ: «مەن ھەققانىيدۇرمەن»،
ۋە: «تەڭرى مېنىڭ ھەققىمنى بۇلاپ كەتكەن» ــ دەيدۇ.
6 يەنە ئۇ: «ھەققىمگە زىيان يەتكۈزىدىغان، يالغان گەپنى قىلىشىم توغرىمۇ؟
ھېچ ئاسىيلىقىم بولمىغىنى بىلەن، ماڭا سانجىلغان ئوق زەخمىگە داۋا يوق» ــ دەيدۇ،
7 قېنى، ئايۇپقا ئوخشايدىغان كىم بار؟!
ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىلارنى ھاقارەتلەش سۇ ئىچكەندەك ئاددىي ئىشتۇر.
8 ئۇ قەبىھلىك قىلغۇچىلارغا ھەمراھ بولۇپ يۈرىدۇ،
ئۇ رەزىللەر بىلەن بىللە ماڭىدۇ.
9 چۈنكى ئۇ: «ئادەم خۇدادىن سۆيۈنسە،

---

5:34 «... ئايۇپ: «مەن ھەققانىيدۇرمەن»، ۋە: «تەڭرى مېنىڭ ھەققىمنى بۇلاپ كەتكەن» ــــ دەيدۇ» ــ ئايۇپ «مەن ھەققانىي» دېگەن سۆزنى بىۋاستە ئېيتمىغان بولسىمۇ، دەرۋەقە ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن شۇ مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. «خۇدا مېنىڭ ھەققىمنى تارتىۋالغان» دېگەن سۆزنى ئۇ 2:27دە ئېيتقان. «مېنىڭ ھەققىم» دېگەن سۆز توغرۇلۇق شۇ ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
5:34 ئايۇپ 2:27
6:34 «يەنە ئۇ ئايۇپ: «... ھېچ ئاسىيلىقىم بولمىغىنى بىلەن، ماڭا سانجىلغان ئوق زەخمىگە داۋا يوق» ــــ دەيدۇ» ــ دەرۋەقە، ئايۇپ 4:6دە خۇدا مېنى ئوق ئېتىپ يارىلاندۇردى، دېگەن. بىراق بىزنىڭچە ئۇ ئېلىخۇنىڭ ئۆزىنى مۇشۇ يەردە ئەيىبلىگىنى بويىچە: «خۇدا مېنى يالغان گەپ قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ» دەپ ئېيتقان ئەمەس. ئوقۇرمەنلەر ئۆزى بۇ سۆزنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا ئىكەنلىكىنى ئويلىيالايدۇ.
6:34 ئايۇپ 4:6
7:34 «ئۇنىڭغا ئايۇپقا نىسبەتەن باشقىلارنى ھاقارەتلەش سۇ ئىچكەندەك ئاددىي ئىشتۇر» ــ ئايۇپنىڭ (قاتتىق ئازابتىن دېگەن) بەزى سۆزلىرى ئىنتايىن ئاچچىقلانغانلىقىدىن ئېيتىلغىنى بىلەن، بىزنىڭچە «باشقىلارنى ھاقارەتلەش ئۇنىڭغا نىسبەتەن سۇ ئىچكەندەك ئاددىي ئىشتۇر» دېگەن بۇ سۆز ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن.
8:34 «ئۇ ئايۇپ قەبىھلىك قىلغۇچىلارغا ھەمراھ بولۇپ ... رەزىللەر بىلەن بىللە ماڭىدۇ» ــ ئېلىخۇنىڭ بۇ گېپىگە ئىسپات بارمۇ؟ بىزنىڭچە يوق. بىراق بۇ سۆز كۆچمە مەنىدە ئېيتىلغان بولسا «ئايۇپ ئېغىزدا يامانلارنىڭ يولىدا ماڭىدۇ» دېگەن مەنىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى يوق» دېدى.
10 شۇڭا، ئى دانىشمەنلەر، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار؛
رەزىللىك تەڭرىدىن يىراقتا تۇرسۇن! يامانلىق ھەممىگە قادىردىن
نېرى بولسۇن!
11 چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرىدۇ،
ھەر بىر ئادەمگە ئۆز يولى بويىچە تېگىشلىك نېسىۋە تاپقۇزىدۇ.
12 دەرھەقىقەت، تەڭرى ھېچ ئەسكىلىك قىلمايدۇ،
ھەممىگە قادىر ھۆكۈمنى ھەرگىز بۇرمىلىمايدۇ.
13 كىم ئۇنىڭغا يەر-زېمىننى ئامانەت قىلغان؟
كىم ئۇنى پۈتكۈل جاھاننى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى؟
14 ئۇ پەقەت كۆڭلىدە شۇ نىيەتنى قىلسىلا،
ئۆزىنىڭ روھىنى ھەم نەپەسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋالسىلا،
15 شۇئان بارلىق ئەت ئىگىلىرى بىرگە نەپەستىن قالىدۇ،

---

9:34 **«چۈنكى ئۇ: «ئادەم خۇدادىن سۆيۈنسە، بۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى يوق» دېدى»** ــ بىزنىڭچە، ئايۇپ بۇ سۆزنى دېمىگەن؛ ئۇ ئۆزىنىڭ رەزىللەر ھېچ جازالانماي، يامانلىقنى قىلىۋېرىدىغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان؛ بىراق ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ يامان يولدا ھەرگىز ماڭمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقان؛ شۇڭا ئېلىخۇنىڭ بۇ گېپى سەل ئادىل بولمىدى، دەپ قارايمىز.

**10:34** قان. 4:32؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 3:8؛ 23:36؛ زەب. 15:92؛ رىم. 14:9

**11:34** زەب. 12:62؛ پەند. 12:24؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ ئەز. 27:7؛ 20:33؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ ئەف. 8:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1؛ ۋەھ. 12:22

13:34 **«كىم ئۇنىڭغا يەر-زېمىننى ئامانەت قىلغان؟ كىم ئۇنى پۈتكۈل جاھاننى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى؟»** ــ ئېلىخۇنىڭ بۇ مۇنازىرىسى (10-13)، بەلكىم، خۇدا شۇنچە يۇقىرى ئورۇندا تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم پارا يېگۈزەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەنلىك. بىراق ئۇ ئەگەر: «خۇدا بىزدىن ئىنتايىن يۇقىرى تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئادىللىقى بىز تونۇغان ھەم چۈشىنىدىغان ئادىللىقتىن پۈتۈنلەي باشقىچە، پۈتۈنلەي باشقا خاراكتېردا» دېمەكچى بولسا، بىز ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلمايمىز.

14:34 **«...ئۆزىنىڭ روھىنى ھەم نەپەسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋالسىلا،...»** ــ ياكى «ئۇ (خۇدا) ئۇنىڭ (ئىنساننىڭ) روھى ھەم نەپەسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋالسا،..»

**14:34** زەب. 29-28:104؛ توپ. 7:12

ئادەملەر تويپا-چاڭغا قايتىدۇ.
16 سەن دانىشمەن بولساڭ، بۇنى ئاڭلا!
سۆزلىرىمنىڭ ساداسىغا قۇلاق سال!
17 ئادالەتكە ئۆچ بولغۇچى ھۆكۈم سۈرەلەمدۇ؟
سەن «ھەممىدىن ئادىل بولغۇچى»نى گۇناھكار بېكىتەمسەن؟!
18 ئۇ بولسا پادىشاھنى: «يارىماس!»،
مۆتىۋەرلەرنى: «رەزىللەر» دېگۈچىدۇر.
19 ئۇ نە ئەمىرلەرگە ھېچ يۈز-خاتىرە قىلمايدۇ،
نە بايلارنى كەمبەغەللەردىن يۇقىرى كۆرمەيدۇ؛

15:34 «**ئۇ پەقەت كۆڭلىدە شۇ نىيەتنى قىلسىلا، ئۆزىنىڭ روھىنى ھەم نەپىسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋالسىلا، شۇئان بارلىق ئەت ئىگىلىرى بىرگە نەپەستىن قالىدۇ، ئادەملەر تۇپا-چاڭغا قايتىدۇ 14-15**» — دېمەك، خۇدا ئىنساننى ياراتقاندىن كېيىن، ھەممە ئىش «ئاپتوماتىك ھالدا» داۋاملاشمايدۇ. خۇدا ھەردائىم، ھەر نەپەستە ئىنساندىن خەۋەر ئالىدۇ — بولمىسا ئۇ ھايات قالمايدۇ.

**15:34** يار. 3:19؛ توپ. 7:12

17:34 «**ئادالەتكە ئۆچ بولغۇچى ھۆكۈم سۈرەلەمدۇ؟**» — دېگەن بۇ مەسىلە «ئايۇپ» دېگەن بۇ كىتابنىڭ تۈپ مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېلىخۇ بۇ رېتورىك سوئالغا ھېچقانداق جاۋاب ياكى ئىسپات بەرمەيدۇ. كۈچ-ھوقۇقلۇق بولۇشنىڭ، ئادالەتلىك بولۇشقا باراۋەر بولۇشى ناتايىن. خۇدا ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىنى، مېھىر-مۇھەببىتىنى، ھەممە سۆزىگە بولغان ۋاپادارلىقىنى، تولۇق ئادالىتىنى بولسا قىلغان ئىشلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. بولۇپمۇ زەبۇر ھەم ئىنجىلغا ئاساسەن، خۇدا ئاخىردا ئۆزى بارلىق قىلغان ھۆكۈملىرىنى ھەربىر ئىنسانغا ئېنىق نامايان قىلىدۇ؛ شۇ كۈنى خۇدانىڭ ئادىل ھۆكۈملىرىگە ھېچكىم رەددىيە بېرەلمەيدۇ؛ ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇتلەق ئادىللىقى ھەممە ئىنسانغا ئىسپاتلىنىپ تولۇق ئايان بولىدۇ.

**17:34** يار. 18:25؛ ئايۇپ 5:18؛ 8:3؛ 21:22؛ رىم. 3:5

18:34 «**ئۇ بولسا پادىشاھنى: «يارىماس!»، مۆتىۋەرلەرنى: «رەزىللەر» دېگۈچىدۇر**» — بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پادىشاھلارغا: «يارىماس!»، مۆتىۋەرلەرگە: «رەزىللەر!» دېگىلى بولامدۇ؟»

چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن ياراتقاندۇر.
20 كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇلار ئۆتۈپ كېتىدۇ،
تۈن يېرىمىدا خەلقلەرمۇ تەۋرىنىپ دۇنيادىن كېتىدۇ؛
ئادەمنىڭ قولىسىز ئۇلۇغلار ئېلىپ كېتىلىدۇ.
21 چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرى ئادەمنىڭ يوللىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ؛
ئۇ ئىنساننىڭ بار قەدەملىرىنى كۆرۈپ يۈرىدۇ.
22 شۇڭا قەبىھلىك قىلغۇچىلارغا يوشۇرۇنغۇدەك ھېچ قاراڭغۇلۇق
يوقتۇر،
ھەتتا ئۆلۈمنىڭ سايىسىدىمۇ ئۇلار يوشۇرۇنالمايدۇ.
23 چۈنكى تەڭرى ئادەملەرنى ئالدىغا ھۆكۈم قىلىشقا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن،
ئۇلارنى ئۇزۇنغىچە كۆزىتىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوقتۇر.
24 ئۇ كۈچلۈكلەرنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرمايلا پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ،
ھەم باشقىلارنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويىدۇ؛
25 چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى ئۇنىڭغا ئېنىق تۇرىدۇ؛
ئۇ ئۇلارنى كېچىدە ئۆرۈۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يانجىلىدۇ.
26 ئۇ يامانلارنى خالايىق ئالدىدا كاچاتلىغاندەك ئۇلارنى ئۇرىدۇ،

---

19:34 **«ئۇ نە ئەمىرلەرگە ھېچ يۈز-خاتىرە قىلمايدۇ، نە بايلارنى كەمبەغەللەردىن يۇقىرى كۆرمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن ياراتقاندۇر»** — ئايۇپ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا گەپ قىلغان بولسا: «مەن خۇدانىڭ مېنىڭ ئىشلىرىمنى دەل ئاشۇنداق بىتەرەپلىك بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتمەكتىمەن!» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئېلىخۇنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا ئانچە تەسەللى بېرەلمەيدۇ.

**19:34** قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 24:37؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1

**21:34** 2تار. 9:16؛ ئايۇپ 4:31؛ زەب. 15:34-17؛ پەند. 21:5؛ 3:15؛ يەر. 17:16؛ 19:32

22:34 **«شۇڭا قەبىھلىك قىلغۇچىلارغا يوشۇرۇنغۇدەك ھېچ قاراڭغۇلۇق يوقتۇر... ئۇلار يوشۇرۇنالمايدۇ»** — دېمەك، خۇدا بارلىق ئىشلارنى بىراقلا كۆرەلىگەچكە، ئۇنىڭ سوتچى بولۇشقا تولۇق سالاھىيىتى بار.

**22:34** زەب. 11:139-12؛ ئام. 2:9، 3؛ ئىبر. 13:4

23:34 **«چۈنكى تەڭرى ئادەملەرنى ئالدىغا ھۆكۈم قىلىشقا ... ئۇزۇنغىچە كۆزىتىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوقتۇر»** — بۇ ئايەتنىڭ باشقا خىل تەرجىملىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

27 چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن باش تارتقان،
ئۇنىڭ يوللىرىدىن ھېچبىرىنى ھېچ ئەتىۋارلىمىغان.
28 ئۇلار شۇنداق قىلىپ مىسكىنلەرنىڭ نالە-پەريادىنى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگۈزىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېزىلگۈچىلەرنىڭ يالۋۇرۇشىنى ئاڭلايدۇ.
29 ئۇ سۈكۈتتە تۇرسا، كىم ئاغرىنىپ قاقشىسۇن.
مەيلى ئەلدىن، مەيلى شەخستىن بولسۇن،
ئەگەر ئۇ شەپقىتىنى كۆرسەتمەي يۈزىنى يوشۇرۇۋالسا، كىم ئۇنى كۆرەلىسۇن؟
30 ئۇنىڭ مەقسىتى ئىپلاسلار ھۆكۈمرانلىق قىلمىسۇن،
ئۇلار ئەل-ئەھلىنى دامىغا چۈشۈرمىسۇن دېگەنلىكتۇر.
31 چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن بىرسى تەڭرىگە: «مەن تەكەببۇرلۇق قىلغانمەن؛
مەن توغرىنى يەنە بۇرمىلىمايمەن؛
32 ئۆزۈم بىلمىگىنىمنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغايسەن؛
مەن يامانلىق قىلغان بولسام، مەن قايتا قىلمايمەن» ــ دېسە،
33 سەن ئۇنىڭ بىكىتكىنىنى رەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن،
ئۇ پەقەت سېنىڭ پىكرىڭ بويىچىلا ئىنساننىڭ قىلغانلىرىنى

---

**27:34** زەب. 28:4-5؛ يەش. 12:5

28:34 **«ئۇلار رەزىللەر شۇنداق قىلىپ مىسكىنلەرنىڭ نالە-پەريادىنى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگۈزىدۇ، ... ئۇ خۇدا ئېزىلگۈچىلەرنىڭ يالۋۇرۇشىنى ئاڭلايدۇ»** ــ ئېلىخۇ بەلكىم بۇ سۆزلىرىنى ئايۇپقا دارىتىپ ئېيتىدۇ: «سەن مۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلغانمۇ؟».

29:34 **«ئۇ سۈكۈتتە تۇرسا، كىم ئاغرىنىپ قاقشىسۇن؟»** ــ ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇ ئىشلارنى تىنچلاندۇرسا، كىم ئاغرىنىپ قاقشىسۇن؟».
—ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، «خۇدانىڭ ئۆز يۈزىنى يوشۇرغانلىقى»، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە مەلۇم بىرخىل جازا-ساۋاق بېرىشىنى بىلدۈرىدۇ.

32:34 **«...ئۆزۈم بىلمىگىنىمنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغايسەن؛ مەن يامانلىق قىلغان بولسام، مەن قايتا قىلمايمەن»** ــ ئېلىخۇ شۈبھىسىزكى، ئايۇپنى شۇنداق بىر ئىقرارنى (31-32-ئايەتتىكى سۆزلەر بىلەن) قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. بىراق ئايۇپتا تەكەببۇرلۇق بولغىنى بىلەن، ئۇ ھەرگىزمۇ «ئىپلاس» ياكى «مۇناپىق»لاردىن ئەمەس.

ئۆزىگە قايتۇرۇشى كېرەكمۇ.
مەن ئەمەس، سەن قارار قىلىشىڭ كېرەكتۇر؛
ئەمدى بىلگەنلىرىڭنى بايان قىلساڭچۇ!
34 ئەقلى بار ئادەملەر بولسا، گېپىمنى ئاڭلىغان دانا كىشى بولسا: ــ
35 «ئايۇپ ساۋاتسىزدەك گەپ قىلىدى؛
ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئەقىل-پاراسەتتىن ئەسەر يوق» ــ دەيدۇ.
36 ئايۇپ رەزىل ئادەملەردەك جاۋاب بەرگەنلىكىدىن،
ئاخىرغىچە سىنالسۇن!
37 چۈنكى ئۇ ئۆز گۇناھىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئاسىيلىقنى قوشىدۇ؛
ئۇ ئارىمىزدا ئاھانەت بىلەن چاۋاك چېلىپ، تەڭرىگە قارشى سۆزلەرنى
كۆپەيتمەكتە».

## ئېلىخۇنىڭ ئۈچىنچى بايانى ـ «خۇدا كېچىدە ئات قىلغان ناخشىلار»

35 [1] ئېلىخۇ يەنىلا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2] «سەن «مۇشۇ گېپىڭنى، يەنى «ھەققانىيلىقىم
تەڭرىنىڭكىدىن ئۈستۈندۇر» دېگىنىڭنى توغرا دەپ قارامسەن؟
[3] شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن سەن: «ھەققانىيلىقىنىڭ ماڭا نېمە

36:34 **«ئايۇپ رەزىل ئادملەردەك جاۋاب بەرگەن»** ــ ئېلىخۇنىڭ بۇ سۆزى بولسا ناھايىتى ئېغىر شىكايەت ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە ئېلىخۇ ئايۇپنى «ئاسىيلىق قىلغان» دەپمۇ ئەيىبلەيدۇ. بىراق دەرد-ئەلەمدىن، ئۈمىدسىزلىكتىن، قاتتىق ئاغرىقلاردىن چىققان ئاچچىق ھەم گۇمانلىق گەپنى «ئاسىيلىق» دېگىلى ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئېلىخۇ سەل ھەددىدىن ئېشىپراق سۆزلىگەن. «ئۇ ئاخىرغىچە سىنالسۇن!» دېيىشمۇ «بىر ياندا ئازادە ئولتۇرغان» كىشىلەر ئۈچۈن دېيمەككە ئاسان گەپتۇر!
2:35 **««سەن ئايۇپ مۇشۇ گېپىڭنى، يەنى «ھەققانىيلىقىم تەڭرىنىڭكىدىن ئۈستۈندۇر» دېگىنىڭنى توغرا دەپ قارامسەن؟»** ــ بۇ سۆزمۇ بەك قاتتىق ئېيتىلغان. ئايۇپ ئەسلىدە «مەن ھەققانىي» دېگىنى ھەم خۇدانىڭ ئادالىتىدىن بەزى گۇمانلىق گەپلەرنى قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە قاپ يۈرەكلىك قىلىپ «ھەققانىيلىقىم تەڭرىنىڭكىدىن ئۈستۈن» دېگەن گەپنى قىلىپ باقمىغان. ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى بىرنېمە دېسۇن.

پايدىسى بولسۇن؟
گۇناھ قىلمىغىنىمنىڭ گۇناھ قىلغىنىمغا قارىغاندا ئارتۇقچىلىقى نەدە؟» دەپ سورىدىڭ .
4 ئۆزۈم سۆزلەر بىلەن ساڭا جاۋاب بېرەي،
ساڭا ھەم سەن بىلەن بىللە بولغان ئۇلپەتلىرىڭگە جاۋاب بېرەي؛
5 ئاسمانلارغا قاراپ باققىن؛
پەلەكتىكى بۇلۇتلارغا سەپسالغىن؛
ئۇلار سەندىن يۇقىرىدۇر.
6 ئەگەر گۇناھ قىلغان بولساڭ، ئۇنداقتا تەڭرىگە قايسى زىيانكەشلىكنى قىلالايتتىڭ؟
جىنايەتلىرىڭ كۆپەيسىمۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا قانداق زىيانلارنى سالالار ئىدىڭ؟
7 سەن ھەققانىي بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا نېمە بېرەلەيتتىڭ؟
ئۇ سېنىڭ قولۇڭدىن نېمىمۇ ئالار-ھە؟

---

3:35 «...سەن ئايۇپ: «ھەققانىيلىقىنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى بولسۇن؟ گۇناھ قىلمىغىنىمنىڭ گۇناھ قىلغىنىمغا قارىغاندا ئارتۇقچىلىقى نەدە؟» دەپ سورىدىڭ» — ئېلىخۇ يۇقىرىدا ئايۇپنى ئەيىبلەپ: «سەن «ئادەم خۇدادىن سۆيۈنسە، بۇنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ» دېگەنسەن» (34:9) دېگىنىنى ھازىر تەكرارلايدۇ.
3:35 ئايۇپ 9:34
4:35 «ساڭا ھەم سەن بىلەن بىللە بولغان ئۇلپەتلىرىڭگە جاۋاب بېرەي» — «ئۇلپەتلىرىڭ» دېگەن سۆز بەلكىم ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا بولغانلارنى (ھازىرمۇ ئايۇپنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلارنى؟) كۆرسىتىشى مۇمكىن.
7:35 «سەن ھەققانىي بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا نېمە بېرەلەيتتىڭ؟ ئۇ سېنىڭ قولۇڭدىن نېمىمۇ ئالار-ھە؟» — ئېلىخۇنىڭ بۇ كۆزقارشى ئېلىفازنىڭكىگە (22:3-ئايەتتىكى) ئوخشايدۇ. بىز يەنىلا ئاۋۋالقى ئايەتتىكى ئىزاھاتنى تەكرارلايمىز: — «1:8-ئايەتتە، خۇدانىڭ ئۆزىدە ئايۇپتىن ئالغان رازىلىقى، خۇرسەنلىكى ناھايىتى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» دېگەن قىسمىدا خۇدانىڭ ئىنساننىڭ تۈپەيلىدىن بولغان ئازابلىرىدىن خەۋەردار بولىمىز. خۇدا گەرچە ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىزدىن خۇرسەنلىك ئىزدەيدۇ ياكى بىزدىن رەنجىيدۇ ھەم ئازابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىخۇنىڭ 5-8-ئايەتتىكى بۇ سۆزلىرى ئىنتايىن خاتا ئېيتىلغان سۆزلەردۇر».
7:35 ئايۇپ 2:22؛ زەب. 2:16؛ رىم. 35:11

[8] سىنىڭ ئەسكىلىكلىرىڭ پەقەت سەندەك بىر ئىنسانغىلا،
ھەققانىيلىقىڭ بولسا پەقەت ئىنسان باللىرىغىلا تەسىر قىلىدۇ،
خالاس.
[9] ئادەملەر زۇلۇم كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن يالۋۇرىدۇ؛
كۈچلۈكلەرنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن ئۇلار نالە-پەرياد كۆتۈرىدۇ.
[10] بىراق ھېچكىم: «كېچىلەردە ئىنسانلارغا ناخشا ئاتا قىلغۇچى
ياراتقۇچىم تەڭرىنى نەدىن ئىزدىشىم كېرەك؟» دېمەيدۇ.
[11] ئۇنىڭ بىزگە ئۆگىتىدىغىنى يەر-زېمىندىكى ھايۋانلارغا
ئۆگىتىدىغىنىدىن كۆپ،
ھەم ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا ئۆگىتىدىغىنىدىن ئارتۇق
ئەمەسمۇ؟
[12] ئۇلار نالە-پەرياد كۆتۈرىدۇ، بىراق رەزىل ئادەملەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنىڭ
تەسىرى تۈپەيلىدىن،
ئۇنى خۇدا ئىجابەت قىلمايدۇ.
[13] بەرھەق، تەڭرى قۇرۇق دۇئاغا قۇلاق سالمىغان يەردە،
ھەممىگە قادىر مۇشۇلارغا ئەھمىيەت بەرمىگەن يەردە،
[14] سەن: «مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن» دېسەڭ، ئۇ قانداق قۇلاق سالسۇن؟
دەۋايىڭ تېخى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ،

---

9:35 **«كۈچلۈكلەرنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۈچلۈكلەرنىڭ بىلىكى تۈپەيلىدىن...».

12:35 **«ئۇلار ئېزىلگەنلەر نالە-پەرياد كۆتۈرىدۇ، بىراق رەزىل ئادەملەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۇنى خۇدا ئىجابەت قىلمايدۇ»** ــ ئېلىخۇ بەلكىم جەمئىيەت ئارىسىدىكى يامانلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى مەلۇم بىر دەرىجىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنى چەكلىمىگەن سەۋەبلىكمۇ بار بولۇشى مۇمكىن، دېمەكچى. ئۇنداقتا پۈتكۈل جەمئىيەت، جۈملىدىن بەزى بىگۇناھ كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ۋەجىدىن خۇدانىڭ تەربىيە-جازالىشىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ، دېمەكچى. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق يېرى بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئايۇپ (مەيلى ئۇنىڭ ھاكاۋۇر يېرى بولسۇن) بۇ «رەزىللەر»نىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

**12:35** ئايۇپ 9:27؛ پەند. 28:1؛ 29:15؛ يەش. 15:1؛ يەر. 11:11؛ يۇھ. 31:9

شۇڭا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىن.
15 بىراق ئۇ ھازىر تۇۋا قىلىش پۇرسىتى بېرىپ، ئۆز غەزىپىنى تېخى
تۆكمىگەن ئەھۋالدا،
ئايۇپ ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟
16 چۈنكى ئايۇپ قۇرۇق گەپ ئۇچۇن ئاغزىنى ئاچقان،
ئۇ تۇتۇرۇقسىز سۆزلەرنى كۆپەيتكەن».

## ئېلىخۇنىڭ تۆتىنچى باياني: ـ ئازابلاردىن ئالغان تەربىيە

36 1 ئېلىخۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ـ
2 «مېنى بىردەم سۆزلىگىلى قويساڭ،
مەن يەنە تەڭرىگە ۋاكالىتەن قىلىدىغان سۆزۈمنىڭ بارلىقىنى ساڭا
ئايان قىلىمەن.
3 بىلىمنى يىراقلاردىن ئېلىپ كەلتۈرىمەن،

14:35 «دەۋايىڭ تېخى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىن» ــ 8:23ـ10نى كۆرۈڭ. ئېلىخۇ ئالدىدا ئېيتقان سۆزلىرى بىلەن ئايۇپنى ئاساسسىز ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، «دەۋايىڭ تېخى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىن» دېگەن بۇ سۆز، شۈبھىسىزكى، ئايۇپقا دەل جايىدا قىلىنغان سۆزدۇر. ئېلىخۇ ھېچ بولمىغاندا، ئايۇپنىڭ ھەقىقەتەن بىر «دەۋاسى» بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.
—ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھەممىگە قادىر مۇشۇلارغا ئەھمىيەت بەرمىگەن يەردە (13-ئايەت)، سېنىڭ: «مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن؛ دەۋايىم ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، مەن ئۇنى كۈتۈۋاتىمەن» دېگىنىڭدىن كېيىن قانداق بولار؟».
15:35 «بىراق ئۇ ... ئۇز غەزىپىنى تېخى تۆكمىگەن ئەھۋالدا، ئايۇپ ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟» ــ بۇ سۆزمۇ بەك قاتتىق ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، ئايۇپنى ئىنتايىن تەكەببۇر ئادەم دەپ جەزملەشتۈرىدۇ. بىراق ئايۇپ گەرچە خۇداغا قارىتا بەزى ئاچچىق، ئازابلىق گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا خۇدادىن ئەيمىنىدىغان كىشى ئىدى.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «يەنە كېلىپ، سەن تېخى: «ئۇنىڭ غەزىپى ھېچ جازا بەرمەيدۇ، ئۇ ئاسىيلىقنى ھېچ نەزەرگە ئالمايدۇ» دەيسەن!»
15:35 ئايۇپ 6:11

ئادەملەرنى يارانقۇچىمنى ھەققانىي دەپ ھېسابلايدىغان قىلىمەن.
4 مېنىڭ گېپىم ھەقىقەتەن يالغان ئەمەستۇر؛
بىلىمى مۇكەممەل بىرسى سەن بىلەن بىللە بولىدۇ.
5 مانا، تەڭرى دېگەن ئۇلۇغدۇر،
بىراق ئۇ ھېچكىمنى كەمسىتمەيدۇ؛
ئۇنىڭ چۈشىنىشى چوڭقۇردۇر، مەقسىتىدە چىڭ تۇرىدۇ.
6 ئۇ يامانلارنى ھايات ساقلىمايدۇ؛
بىراق ئېزىلگەنلەر ئۈچۈن ئادالەت يۈرگۈزىدۇ.
7 ئۇ ھەققانىيلاردىن كۆزىنى ئېلىپ كەتمەيدۇ،
بەلكى ئۇلارنى مەڭگۈگە پادىشاھلار بىلەن تەختتە ئولتۇرغۇزىدۇ،
شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولىدۇ.
8 ۋە ئەگەر ئۇلار كىشەنلەنگەن بولسا،
جاپانىڭ ئاسارىتىگە تۇتۇلغان بولسا،
9 ئۇنداقتا ئۇ ئۇلارغا قىلغانلىرىنى،
ئۇلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرىنى،
يەنى ئۇلارنىڭ كۆرەڭلەپ كەتكەنلىكىنى ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن بولىدۇ.
10 شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇلاقلىرىنى تەربىيىگە ئېچىپ قويىدۇ،
ئۇلارنى يامانلىقتىن قايتىشقا بۇيرۇيدۇ.

---

3:36 **«بىلىمنى يىراقلاردىن ئېلىپ كەلتۈرىمەن...»** ــ ئىبرانىي تېكىستتە ئېلىپ بېرىلغان ئىبارىلەرنى «يىراقلاردىن» ئالماقچى ــ دېمەك، ئۆزۈن تارىخ ھەم تەبىئەتتىن ئالماقچى.

4:36 **«بىلىمى مۇكەممەل بىرسى»** ــ ئىبرانىي تېكىستتىن بەك يۇقىرى چاغلىسا كېرەك؛ چۈنكى ئۇ 37-بابتا دەل بۇ سۆزلەر بىلەن خۇدانىڭ ئۆزىنى تەسۋىرلەيدۇ.

5:36 **«بىراق ئۇ ھېچكىمنى كەمسىتمەيدۇ»** ــ ئىبرانىي تېكىستتىكى بۇ بىرىنچى جۈملىسىنى ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغىنىمىز بىلەن ئۇ يەنىلا ئۇنىڭ 35-باب- 7-ئايەتتىكى بايانىغا سەل زىت كېلىدۇ.

5:36 ئايۇپ 4:9؛ 13:12، 16؛ 23:37؛ 23:38

6:36 **«ئۇ يامانلارنى ھايات ساقلىمايدۇ؛ بىراق ئېزىلگەنلەر ئۈچۈن ئادالەت يۈرگۈزىدۇ»** ــ ئىبرانىي تېكىستتە «مەن سىلەرنىڭ (ئۈچ دوستىنىڭ) گەپلىرىڭلار بويىچە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيمەن» دېگىنى بىلەن، ئۇ يەنىلا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئاددىي خۇلاسىلىرىگە قايتىپ كەلدى.

7:36 زەب. 18:33؛ 15:34-16؛ 8:113

11 ئۇلار قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭغا بويسۇنسىلا
ئۇلار قالغان كۈنلىرىنى ئاۋاتچىلىقتا،
يىللىرىنى خۇشلۇقتا ئۆتكۈزىدۇ.
12 بىراق ئۇلار قۇلاق سالمىسا، قىلىچلىنىپ دۇنيادىن كېتىدۇ،
بىلىمسىز هالدا نەپەستىن توختاپ قالىدۇ.
13 بىراق كۆڭلىگە ئىپلاسلىقنى پۈككەنلەر يەنىلا ئاداۋەت ساقلايدۇ؛
ئۇ ئۇلارغا ئاسارەت چۈشۈرگەندىمۇ ئۇلار يەنىلا تىلاۋەت قىلمايدۇ.
14 ئۇلار ياش تۇرۇپلا جان ئۈزىدۇ،
ئۇلارنىڭ هاياتى بەچچىۋازلار ئارىسىدا تۈگەيدۇ.
15 بىراق ئۇ ئازاب تارتقۇچىلارنى ئازابلاردىن بولغان تەربىيە ئارقىلىق قۇتقۇزىدۇ،
ئۇ ئۇلار خار بولغان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قۇلىقىنى ئاچىدۇ.
16 ئۇ شۇنداق قىلىپ سېنىمۇ ئازارنىڭ ئاغزىدىن قىستاڭچىلىقى يوق كەڭ بىر يەرگە جەلپ قىلغان بولاتتى؛
ئۈستەلىڭگە قويۇلغىنى ماي-مايلىق تائاملار بولاتتى.
17 بىراق سەن هازىر يامانلارغا قارىتىلغان تېگىشلىك جازالارغا تولدۇرۇلغانسەن؛
شۇڭا خۇدانىڭ هۆكۈمى هەم ئادالىتى سېنى تۇتۇۋالدى.

14:36 «بەچچىۋازلار» ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆز «هەزىلەك ئەر پاھىشە»نى كۆرسىتىدۇ.
14:36 ئايۇپ 16:22
16:36 «ئۇ خۇدا شۇنداق قىلىپ سېنىمۇ ئازارنىڭ ئاغزىدىن قىستاڭچىلىقى يوق كەڭ بىر يەرگە جەلپ قىلغان بولاتتى؛ ئۈستەلىڭگە قويۇلغىنى ماي-مايلىق تائاملار بولاتتى» ــ ئېلىخۇنىڭ 8-15-ئايەتتىكى بەرگەن تەلىمى شۇكى، نۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئەمەلىيەتتە جازالاش ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ تەربىيىسى بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ تەلىمنىڭ ئەھمىيىتى بار. بىراق ئۇ يەنىلا ئايۇپنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ تۆۋەندە (17-ئايەتتە) يەنىلا ئايۇپنى خاتا ئەيىبلەيدۇ.
16:36 زەب. 5:23
17:36 «بىراق سەن هازىر يامانلارغا قارىتىلغان تېگىشلىك جازالارغا تولدۇرۇلغانسەن؛ شۇڭا خۇدانىڭ هۆكۈمى هەم ئادالىتى سېنى تۇتۇۋالدى» ــ 17-21-ئايەتلەرنىڭ باشقا خىل تەرجىملىرى ئۇچرىشى مۇمكىن. ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىش سەل تەس.

**[18] غەزىپىڭنىڭ قايناپ كېتىشىنىڭ سېنى مازاقلاشقا باشلاپ قويۇشىدىن**
**ھوشيار بول؛**
**ئۇنداقتا ھەتتا زور كاپالەتمۇ سېنى قۇتقۇزالمايدۇ.**
**[19] ياكى بايلىقلىرىڭ،**
**ياكى كۈچۈڭنىڭ زور تىرىشچانلىقى،**
**ئۆزۈڭنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن نېرى قىلالامدۇ؟**
**[20] كېچىگە ئۈمىد باغلىما،**
**چۈنكى ئۇ چاغدا خەلق ئۆز ئورنىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ.**
**[21] ھوشيار بول، ئەسكىلىككە بۇرۇلۇپ كەتمە؛**
**چۈنكى سەن قەبىھلىكنى دەردكە سەۋر بولۇشنىڭ ئورنىدا تاللىغانسەن.**
**[22] مانا، تەڭرى كۈچ-قۇدرىتى تۈپەيلىدىن ئۈستۈندۇر؛**
**ئۇنىڭدەك ئۆگەتكۈچى بارمۇ؟**
**[23] كىم ئۇنىڭغا ماڭىدىغان يولنى بېكىتىپ بەرگەنىدى؟**
**ۋە ياكى ئۇنىڭغا: «يامان قىلدىڭ؟» دېيىشكە پېتىنالايدۇ؟**
**[24] ئىنسانلار تەرىپلەيدىغان خۇدانىڭ ئەمەللىرىنى ئۇلۇغلاشنى ئۇنتۇما!**
**[25] ھەممە ئادەم ئۇلارنى كۆرگەندۇر؛**
**ئىنسان بالىلىرى يىراقتىن ئۇلارغا قاراپ تۇرىدۇ».**

---

20:36 **«كېچىگە ئۈمىد باغلىما»** ــ بۇ تولىمۇ سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلگەن. بەلكىم ئېلىخۇ: ئايۇپ باشقىلار ئۆزىنى كۆرمەيدىغان، ئۆزى يامان ئىشلارنى قىلالايدىغان ۋاقىتنى ئۈمىد بىلەن كۈتمەكتە، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن.

22:36 **«مانا، تەڭرى كۈچ-قۇدرىتى تۈپەيلىدىن ئۈستۈندۇر؛ ئۇنىڭدەك ئۆگەتكۈچى بارمۇ؟»** ــ ئېلىخۇنىڭ تەلىمدىكى ئەڭ ياخشى نۇقتا شۇكى، خۇدانىڭ «ئۆگەتكۈچى»دۇر، ئۇ دەل ئۆزىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىنسانغا يوليورۇق بېرىدۇ.

**23:36** قان. 4:32؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 3:8؛ 10:34؛ رىم. 14:9

## خۇدانىڭ كارامەت ئەمەللىرى ـ
## ئۇنىڭ زور ھەيۋىسى دەھشەتلىك قارا قۇيۇندا ئايان بولىدۇ

26 « ــ بەرھەق، تەڭرى ئۇلۇغدۇر، بىز ئۇنى چۈشىنەلمەيمىز،
ئۇنىڭ يىللىرىنىڭ سانىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ.
27 چۈنكى ئۇ سۇنى تامچىلاردىن شۈمۈرۈپ چىقىرىدۇ؛
ئۇلار پارغا ئايلىنىپ ئاندىن يامغۇر بولۇپ ياغىدۇ.
28 شۇنداق قىلىپ ئاسمانلار يامغۇرلارنى قۇيۇپ بېرىپ،
ئىنسان بالىلىرى ئۈستىگە مولچىلىق ياغدۇرىدۇ.
29 بىراق كىم بۇلۇتلارنىڭ توقۇلۇشىنى،
ئۇنىڭ ساماۋى چېدىرىنىڭ گۈمبۈر-گۈمبۈر قىلىدىغانلىقىنى
چۈشىنەلىسۇن؟
30 مانا، ئۇ چاقمىقى بىلەن ئەتراپىنى يورۇق قىلىدۇ،
ھەتتا دېڭىز تەكتىنىمۇ يورۇق قىلىدۇ.
31 ئۇ بۇلار ئارقىلىق خەلقلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛
ھەم ئۇلار ئارقىلىقمۇ مول ئاشلىق بېرىدۇ.
32 ئۇ قوللىرىنى چاقماق بىلەن تولدۇرىدۇ،
ئۇنىڭغا ئۇرىدىغان نىشانىنى بۇيرۇيدۇ.
33 خۇدانىڭ گۈلدۈرمامىسى ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ؛
ھەتتا كاللارمۇ سېزىپ، ئۇنى ئېلان قىلىدۇ.

---

**26:36** زەب. 2:90؛ 8:92؛ 2:93؛ 12:102؛ يەش. 16:63؛ يىغ. 19:5؛ دان. 27:6؛ ئىبر. 12:1

30:36 **«مانا، ئۇ چاقمىقى بىلەن ئەتراپىنى يورۇق قىلىدۇ، ھەتتا دېڭىز تەكتىنىمۇ يورۇق قىلىدۇ»** ــ چاقماق دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە تېشىپ يېتىدۇ.

**31:36** ئايۇپ 13:37

33:36 **«خۇدانىڭ گۈلدۈرمامىسى ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ؛ ھەتتا كاللارمۇ سېزىپ، ئۇنى ئېلان قىلىدۇ»** ــ ئايۇپ 28-بابتا بوران-چاپقۇن دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغان. بۇنىڭ بىر سەۋەبى بىر بوران-چاپقۇننىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنى بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى ئېلىخۇنىڭ بوران-چاپقۇننى تەسۋىرلىشىنىڭ سەۋەبى ھازىرنىڭ ئۆزىدە بوران (ئەمەلىيەتتە قارا قۇيۇن)نىڭ ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. 1:38نى كۆرۈڭ.

## ئېلىخۇنىڭ تۆتىنچى بايانىنىڭ داۋامى ـ خۇدانىڭ كارامەت ئەمەللىرىنى كۆرسەتكەنلىرىنى ئايان قىلىش قارا قۇيۇننىڭ يېقىنلىششى

37 [1] شۇنداق، يۈرىكىممۇ بۇنى ئاڭلاپ تەۋرىنىپ كېتىۋاتىدۇ،
يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەي، دېدى.
[2] مانا ئاڭلىغىنا! ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلا!
[3] ئۇ ئاۋازىنى ئاسمان ئاستىدىكى پۈتكۈل يەرگە،
چاقمىقىنى يەرنىڭ قەرىگىچە يەتكۈزىدۇ.
[4] چاقماقتىن كېيىن بىر ئاۋاز ھۆركىرەيدۇ؛
ئۆز ھەيۋىتىنىڭ ئاۋازى بىلەن ئۇ گۈلدۈرلەيدۇ،
ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ھېچ ئايانماي چاقماقلىرىنىمۇ قويۇۋېتىدۇ.
[5] تەڭرى ئاۋازى بىلەن كارامەت گۈلدۈرلەيدۇ،
بىز چۈشىنەلمەيدىغان نۇرغۇن قالتىس ئىشلارنى قىلىدۇ.
[6] چۈنكى ئۇ قارغا: «يەرگە ياغ!»،
ھەم ھۆل-يېغىنغا: «كۈچلۈك يامغۇر بول!» دەيدۇ.
[7] ئۇ بارلىق ئىنساننى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقىنى بىلسۇن دەپ،
ھەممە ئادەمنىڭ قولىنى بۆلار بىلەن توسۇپ قويىدۇ؛
[8] ياۋايى ھايۋانلار ئۆز ئۇۋۇسىغا كىرىپ كېتىدۇ،
ئۆز قونالغۇسىدا تۇرغۇزۇلىدۇ.

---

2:37 **«ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گۈلدۈرماما ئاۋازى»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان غۇرقىراشلىرى» ياكى «ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گۈرگىرەشلىرى».

**2:37** زەب. 29:3-4

**5:37** ئايۇپ 5:9؛ 9:10؛ 36:26

**6:37** زەب. 147:16

7:37 **«ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ قولىنى بۆلار بىلەن توسۇپ قويىدۇ»** ــ قار ياكى قاتتىق يامغۇر ياغسا، ئادەملەر خىزمەت قىلىشقا سىرتقا چىقالمايدۇ، ياۋايى ھايۋانلارمۇ چىقالمايدۇ. بىز بۇ ئاددىي ئىشتىن ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك. بىز «ھەممىگە قادىر» ئەمەسمىز، قولىمىز ھەم بىلىمىمىز چەكلىك، خۇدانىڭ زور كۈچ-قۇدرىتى ئالدىدا كەمتەرلەشكىنىمىز تۈزۈك.

9 بوران-چاپقۇن كوھقاپتىن كېلىدۇ،
ھەم سوغۇق-زىمىستان تاراتقۇچى شاماللاردىن كېلىدۇ.
10 تەڭرىنىڭ نەپىسى بىلەن مۇز ھاسىل بولىدۇ؛
بىپايان سۇلار قېتىپ قالىدۇ.
11 ئۇ يەنە قويۇق بۇلۇتلارغا مول نەملىك يۈكلەيدۇ،
ئۇ چاقماق كۆتۈرىدىغان بۇلۇتنى كەڭ يېيىپ قويىدۇ.
12 ئۇلار پۈتكۈل يەر-زېمىن يۈزىدە ئۇ بۇيرۇغان ئىشنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن،
ئۇنىڭ يوليورۇقلىرى بىلەن ھەرياققا بۇرۇلىدۇ.
13 ياكى تەربىيە تايىقى بولۇشى ئۈچۈن، ياكى ئۆز دۇنياسى ئۈچۈن،
ياكى ئۆزرەھىمدىللىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇ بۇلۇتلىرىنى كەلتۈرىدۇ.
14 ئى ئايۇپ، بۇنى ئاڭلاپ قوي،
تەڭرىنىڭ كارامەت ئەمەللىرىنى تونۇپ يېتىپ شۈك تۇر.
15 تەڭرىنىڭ بۇلۇتلارنى قانداق سەپتە تۇرغۇزغانلىقىنى بىلەمسەن؟
ئۇنىڭ بۇلۇتىنىڭ چاقمىقىنى قانداق چاقتۇرىدىغانلىقىنىمۇ

9:37 **«تاراتقۇچى شامallar...»** — بۇ سۆز بەلكىم مەلۇم بىر شامالنىڭ مەخسۇس ئاتالغۇسى بولۇشى كېرەك. باشقا بىر خىل تەرجىمىسى «سوغۇق-زىمىستان شىمالدىن كېلىدۇ».

**10:37** ئايۇپ 29:38، 30؛ زەب. 17:147، 18

13:37 **«ياكى تەربىيە تايىقى بولۇشى ئۈچۈن، ياكى ئۆز دۇنياسى ئۈچۈن، ياكى ئۆز رەھىمدىللىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇ بۇلۇتلىرىنى كەلتۈرىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا «ياكى ئۆز دۇنياسى ئۈچۈن» دېگەن بۇ ئىبارىسى سەل سىرلىق. ياغدىغان يامغۇرنىڭ «تەربىيە تايىقى بولۇشى ئۈچۈن» ياكى «ئۆز رەھىمدىللىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن» دېگەنىنىڭ مەنىلىرى ئېنىق، بىراق «ئۆز دۇنياسى ئۈچۈن» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ خۇدانىڭ مەقسەتلىرى ئاۋۋالقى بىرىنچىسى ھەم ئىككىنچىسىدە ئىنسانلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، خۇدانىڭ «ئۆز دۇنياسى ئۈچۈن» دېگەن مەقستىنى ئۇنىڭ ئۆز دۇنياسىدىن ھۇزۇر ئېلىشى ئۈچۈن دېسەك بولامدۇ-بولمامدۇ؟ خۇدانىڭ ھەربىر قىلىدىغان ئىشى ئىنسانلار ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەكمۇ؟ — كېيىنكى بابلاردا خۇدانىڭ ئىنسانلار بىلەن **بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق** بىرقانچە ئىشلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. مۇنداق ئىشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق سۆزلەيمىز.

**13:37** مىس. 9:23، 18؛ 1سام. 12:19، 18؛ ئەزرا 9:10؛ ئايۇپ 31:36

14:37 **«ئى ئايۇپ، بۇنى ئاڭلاپ قوي، تەڭرىنىڭ كارامەت ئەمەللىرىنى تونۇپ يېتىپ شۈك تۇر»** — بەلكىم ئۇ ئايۇپنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى بوران-چاپقۇننىڭ كارامەتلىرىنى بايقاشقا ئۈندەيدۇ.

بىلەمسەن؟
16 بۇلۇتلارنىڭ قانداق قىلىپ بوشلۇقتا مۇئەللەق تۇرىدىغانلىقىنى،
بىلىمى مۇكەممەل بولغۇچىنىڭ كارامەتلىرىنى بىلەمسەن؟
17 هەي، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ يەر-زېمىننى جەنۇبدىكى شامال بىلەن
تىنچلاندۇرۇپ،
سېنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىڭنىڭ ئوتتەك ئىسسىتقىنىنى بىلەمسەن؟
18 سەن ئۇنىڭغا هەمراھ بولۇپ ئاسماننى خۇددى قۇيۇپ چىقارغان
ئەينەكتەك،
مۇستەھكەم قىلىپ يايغانمىدىڭ؟!
19 ئۇنىڭغا نېمىنى دېيىشىمىز كېرەكلىكىنى بىزگە ئۆگىتىپ قويغىن!
قاراڭغۇلۇقىمىز تۈپەيلىدىن بىز دەۋايىمىزنى جايىدا سەپكە
قويالمايمىز.
20 ئۇنىڭغا «مېنىڭ سۆزلىگۈم بار» دېيىش ياخشىمۇ؟
ئۇنداق دېگۈچى ئادەم يۇتۇلماي قالمايدۇ!
23-21 ئەمدى شاماللار كېلىپ بۇلۇتلارنى تارقىتىۋېتىدۇ،
بىراق بۇلۇتلار ئارىسىدىكى قۇياش نۇرىغا ئادەملەر بىۋاسىتە قاراپ
تۇرالمايدۇ.
قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭگى شىمال تەرەپتىنمۇ پەيدا بولىدۇ؛
تەڭرىنىڭ هۇزۇرىدا دەھشەتلىك هەيۋەت باردۇر.
هەممىگە قادىرنى بولسا، بىز ئۇنى مۆلچەرلىيەلمەيمىز؛
قۇدرىتى قالتىس، ئۇنىڭ ئادالىتى ئۇلۇغ، هەققانىيلىقى چوڭقۇر،

---

18:37 يار. 6:1

شۇڭا ئۇ ئادەملەرگە زۇلۇم قىلمايدۇ.
24 شۇڭا ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورقىدۇ؛
كۆڭلىدە ئۆزىنى دانا چاغلايدىغانلارغا ئۇ ھېچ ئېتىبار قىلمايدۇ».

## پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى ئايۇپقا جاۋاب بېرىدۇ ــ ئايۇپنىڭ سوئاللىرىنىڭ يەشمىسى

38 1 ئاندىن پەرۋەردىگار قارا قۇيۇن ئىچىدىن ئايۇپقا جاۋاب بېرىپ
مۇنداق دېدى: ــ
2 «نەسىھەتنى تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر بىلەن خىرەلەشتۈرگەن زادى كىم؟
3 ئەركەكتەك بېلىڭنى چىڭ باغلا؛

---

23-21:37 **«ئەمدى شاماللار كېلىپ بۇلۇتلارنى تارقىتىۋېتىدۇ، بىراق بۇلۇتلار ئارىسىدىكى قۇياش نۇرىغا ئادەملەر بىۋاستە قاراپ تۇرالمايدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. ئېلىخۇنىڭ بۇ سۆزىنى سىرلىق تەرجىمە قىلىش تەس بولغىنى بىلەن، شەرھىمىزچە ئۇ ئايۇپنىڭ ئەھۋالىنى ھازىرقى بۇ بۇلۇتلۇق، تۇتۇق (بوران-چاپقۇنلۇق) كۈنگە ئوخشاتماقچى بولسا كېرەك. خۇدا بۇلۇتلارنى تارقىتىپ تۇيۇقسىز كۆرۈنسە، ئايۇپ قۇياشقا بىۋاستە قارىيالمىغانغا ئوخشاش ئۇنىڭغىمۇ قارىيالمايتتى، دېمەكچى. بىراق خۇدانىڭ ھەيۋىتى، كۆركەملىكى ھەممە تەرەپتىن، ھەتتا شىمال تەرىپىدىن پەيدا بولىدۇ، دەيدۇ. ئېلىخۇنىڭ بايانىنىڭ باشقا خىل مەنىلىرىنىڭ بار بولۇشى مۇمكىن.

**23-21:37** ئايۇپ 4:9؛ 13:12، 16؛ 5:36؛ زەب. 1:93؛ 4:99

24:37 **«شۇڭا ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورقىدۇ؛ كۆڭلىدە ئۆزىنى دانا چاغلايدىغانلارغا ئۇ ھېچ ئېتىبار قىلمايدۇ»** ــ باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسىمۇ بار: ــ «شۇڭا ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورقىدۇ؛ ئۇ كۆڭلىدە دانالىق بارلارغا ئېتىۋار قىلامدۇ؟» ۋە ياكى «شۇڭا، ئادەملەر، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار! شۈبھىسىزكى، كۆڭلىدە دانالىق بارلار ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ!».

2:38 **«نەسىھەتنى تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر بىلەن خىرەلەشتۈرگەن زادى كىم؟»** ــ پەرۋەردىگارنىڭ بۇ سوئالى كىمنى كۆرسىتىدۇ؟ كېيىنكى 42-بابتا ئايۇپمۇ سوئالغا جاۋابەن: «نەسىھەتنى تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر بىلەن خىرەلەشتۈرگەن كىم؟ شۇنىڭ بىلەن مەن چۈشەنمىگەنلىرىمنى دەپ سالدىم، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تىلسىمات ئىشلارنى ئېيتىپ تاشلىدىم» دەپ جاۋابكارلىقنى ئۆزىگە ئالىدۇ. ئايۇپ ئۆزى شۇنداق دېگىنى بىلەن، خۇدا بۇ سۆزنى قىلغاندا ئاخىرقى قېتىمقى سۆزلىگۈچى ئېلىخۇ ئىدى. كۆرگىنىمىزدەك ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى دەل جايىدا ئېيتىلغان، ھەتتا بېشارەت بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭمۇ سۆزىدە خاتالىق ئاز ئەمەس. دوستلارنىڭ سۆزلىرىدىمۇ خاتالىق كۆپ ئىدى. شۇڭا بىز خۇدانىڭ بۇ سۆزى ئايۇپ، ئېلىخۇ ۋە ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستىدىن ئىبارەت بەشەيلەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايمىز.

**2:38** ئايۇپ 3:42

شۇندا مەن سەندىن سوراي،
ئاندىن سەن مېنى خەۋەردار قىل!
4 مەن يەر-زېمىننى ئاپىرىدە قىلغىنىمدا،
سەن زادى نەدە ئىدىڭ؟
بۇلارنى چۈشەنگەن بولساڭ، بايان قىلغىن.
5 كىم يەر-زېمىننىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتكەن؟
سەن بۇنى بىلمەمسەن؟
كىم ئۇنىڭ ئۈستىگە تانا تارتىپ ئۆلچىگەن؟
7-6 تاڭ سەھەردىكى يۇلتۇزلار بىللە كۈي ئېيتىشقان ۋاقىتتا،
خۇدانىڭ ئوغۇللىرى خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىلىشقان ۋاقىتتا،
يەر-زېمىننىڭ ئۇللىرى نەگە پاتۇرۇلغان؟
كىم ئۇنىڭ بۇرجەك تېشىنى سالغان؟
8 بالىياتقۇدىن چىققاندەك، دېڭىز سۈيى بۆسۈپ چىققاندا،
كىم ئۇنى دەرۋازىلار ئىچىگە بەند قىلغان؟
9 مەن بۇلۇتنى دېڭىزنىڭ كىيىمى قىلغاندا،
ۋە قاپ-قاراڭغۇنى ئۇنىڭ زاكىسى قىلغاندا،
10 مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن پاسىل كەسكەن ۋاقىتتا،
ئۇنى چەكلەپ بالداقلارنى ھەم دەرۋازىلارنى سالغاندا،
11 يەنى ئۇنىڭغا: «مۇشۇ يەرگىچە بارىسەن، پاسىلدىن ئۆتمە،
سېنىڭ تەكەببۇر دولقۇنلىرىڭ مۇشۇ يەردە توختىسۇن» دېگەندە، سەن

---

**3:38** **«ئەركەكتەك بېلىڭنى چىڭ باغلا»** ــ «ھەقىقىي ئەركەك» ياكى «ھەقىقىي ئوغۇل بالا» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكى خۇدا ئالدىدا تۇرغاندىلا ئاندىن بىلىنىدۇ. خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشتىن باش تارتقان كىشى ئەركەك ئەمەستۇر.

**4:38** پەند. 29:8

**7-6:38** **«خۇدانىڭ ئوغۇللىرى»** ــ 1-بابتىكى ئىزاھاتىمىزدەك، بەلكىم مۇقەددەس پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. «تاڭ سەھەردىكى يۇلتۇزلار» بولسا بىزنىڭچە ئوخشاشلا پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ يۇلتۇزلار بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى باردۇر.

**8:38** يار. 9:1؛ ئايۇپ 10:26؛ زەب. 7:33؛ 104:6-9؛ پەند. 29:8؛ يەر. 22:5

نەدە ئىدىڭ؟
12 سەن تۇغۇلغاندىن بېرى سەھەرنى «چىق» دەپ بۇيرۇپ باققانمۇسەن؟
سەن تاڭ سەھەرگە ئۆزى چىقىدىغان جايىنى كۆرسەتكەنمۇسەن؟
13 سەن شۇنداق قىلىپ سەھەرگە يەر يۈزىنىڭ قەرىنىمۇ يورۇتقۇزۇپ
ھۆكۈم سۈرگۈزۈپ،
شۇنداقلا رەزىللەرنى تىترىتىپ يەر-زېمىندىن قوغلاتقۇزغانمۇسەن؟
14 شۇنىڭ بىلەن يەر-زېمىن سېغىز لايغا بېسىلغان مۆھۈر ئىزلىرىدەك
ئۆزگەرتىلىدۇ؛
كىيگەن كىيىمدەك ھەممە ئېنىق بولىدۇ؛
15 ھەم شۇنىڭ بىلەن رەزىللەرنىڭ «نۇر»ى ئۇلاردىن ئېلىپ كېتىلىدۇ؛
كۆتۈرۈلگەن بىلەكلەر سۇندۇرۇلىدۇ.

---

11:38 **«سېنىڭ تەكەببۇر دولقۇنلىرىڭ مۇشۇ يەردە توختىسۇن»** — دېڭىز-ئوكيانلار ھەم يەر-زېمىننىڭ ئارىلىقىدىكى تەكپۈكلۈق ئەمەلىيەتتە ناھايىتى نازۇك بىر ئىش. يەر يۈزىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى دېڭىز. گېئولوگىيە ئىلمى دۇنيايىمىزنىڭ ئىلگىرى پۈتۈنلەي دېڭىز ئاستىدا ياتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» دېگەن قىسمىدا خۇدانىڭ يەر-زېمىننى دېڭىزدىن ئېگىزلىتىشى ھەم دېڭىزدىن ئايرىۋېتىشى خاتىرىلەنگەن. نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى كەلكۈندىن كېيىن خۇدا دۇنيانى ئاخىرەتكىچە ئىككىنچى قېتىم ئاشۇنداق دۇنياۋىي كەلكۈن بىلەن چۆمۈلدۈرمەيمەن، دەپ ئىنسانىيەتكە ۋەدە بەرگەن.
13:38 **«سەن شۇنداق قىلىپ سەھەرگە يەر يۈزىنىڭ قەرىنىمۇ يورۇتقۇزۇپ ھۆكۈم سۈرگۈزۈپ...»** — ئىبرانىي تىلىدا «سەن شۇنداق قىلىپ سەھەرگە يەر يۈزىنىڭ قەرىنىمۇ تۇتقۇزۇپ». **«سەن ... سەھەرگە يەر يۈزىنىڭ قەرىنىمۇ يورۇتقۇزۇپ ھۆكۈم سۈرگۈزۈپ، شۇنداقلا رەزىللەرنى تىترىتىپ يەر-زېمىندىن قوغلاتقۇزغانمۇسەن؟»** — تولۇق ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... سەن شۇنداق قىلىپ، سەھەر نۇرىغا يەر يۈزىنىڭ بۇرجەكلىرىنى تۇتقۇزۇپ، رەزىللەرنى زېمىندىن سىلكىپ تاشلاتقۇزىۋەتكەنمۇسەن؟» (بۇ خىل تەرجىمە توغرا بولسا، يەر-زېمىن يوتقانغا ئوخشىتىلىدۇ؛ نۇرنىڭ كېلىشى خۇددى يوتقاننى سىلكىگەندەك، رەزىللەرنى قوغدايدىغان قاراڭغۇلۇقنى يوقىتىدۇ).
14:38 **«شۇنىڭ بىلەن يەر-زېمىن سېغىز لايغا بېسىلغان مۆھۈر ئىزلىرىدەك ئۆزگەرتىلىدۇ»** — كېچىدە ھەربىر نەرسىنىڭ شەكلى ئېنىق كۆرۈنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. قۇياش نۇرى ئاستىدا ھەر يەرنىڭ شەكلى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.
15:38 **«ھەم شۇنىڭ بىلەن رەزىللەرنىڭ «نۇر»ى ئۇلاردىن ئېلىپ كېتىلىدۇ؛ كۆتۈرۈلگەن بىلەكلەر سۇندۇرۇلىدۇ»** — دېمەك، رەزىللەر ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق ئۇلارنىڭ «نۇر»ى، «كۈندۈز»ى،

16 دېڭىزدىكى بۇلاقلارغا سەپەر قىلىپ يەتكەنمۇسەن؟
ئوكيانلارنىڭ قەرىدە مېڭىپ باققانمۇسەن؟
17 ئۆلۈمنىڭ دەرۋازىلىرى ساڭا ئاشكارىلانغانمۇ؟
ئۆلۈم سايىسىنىڭ دەرۋازىلىرىنى كۆرگەنمۇسەن؟
18 ئەقلىڭ يەر-زېمىنىنىڭ چوڭلۇقىغا يەتكەنمۇ؟
ھەممىسىنى بىلگەن بولساڭ ئېنىق بايان قىل!
19 نۇر تۇرۇشلۇق جايغا بارىدىغان يول نەدە؟
قاراڭغۇلۇقنىڭ بولسا، ئەسلىي ئورنى نەدە؟
20 سەن بۇنى بىلىپ ئۇلارنى ئۆز چېگراسىغا ئاپىرالامسەن؟
ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ماڭىدىغان يوللارنى بىلىپ يېتەلەمسەن؟
21 ھەئە، راست، سەن بىلىسەن، چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ چاغلىرىدىن ئىلگىرى تۇغۇلغانسەن،
كۈنلىرىڭنىڭ سانى دەرھەقىقەت كۆپتىن كۆپتۇر!
22 قار قاچىلانغان خەزىنىلەرگە كىرىپ كۆردۈڭمۇ.
مۆلدۈر ئامبارلىرىنىمۇ كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟
23 بۇلارنى ئازاب-ئوقۇبەتلىك زامانغا قالدۇردۇم،
جەڭ ۋە ئۇرۇش كۈنى ئۈچۈن تەييارلاپ قويدۇم.
24 چاقماق دېگەن قانداق يول بىلەن يېرىلىدۇ؟
شەرق شامىلى يەر يۈزىدە قانداق يول بىلەن تارقىتىلىدۇ؟
25 يامغۇر كەلكۈنىنىڭ چۈشىدىغان قانىلىنى چېپىپ تەييارلىغان كىمدۇ؟

---

يەنى «خىزمەت قىلىش» ۋاقتى بولىدۇ. تاڭ سەھەر كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ «نۇرى» ئېلىپ كېتىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار يامان ئىشلارنى قىلشۇرمەيدۇ، بەلكى جازالاشقا ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز يەنە قىيامەت كۈنىنىڭ نۇرىنىڭ كېلىشى بىلەن، ھازىرقى گۇناھلىق دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقىنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقىنىمۇ كۆرسەتكەن بىر بېشارەت بولسا كېرەك.

23:38 «**بۇلارنى ئازاب-ئوقۇبەتلىك زامانغا قالدۇردۇم، جەڭ ۋە ئۇرۇش كۈنى ئۈچۈن تەييارلاپ قويدۇم**» ــ 22- ھەم 23-ئايەتتە خۇدانىڭ قار ۋە مۆلدۈرنى ئادەملەرنىڭ رەزىللىكىنى چەكلەشكە ۋە ياكى ئىنسانغا تەربىيە بېرىشكە قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

گۇلدۇرمامىنىڭ چاقمىقى ئۈچۈن يول تەييارلىغان كىمدۇ؟
26 شۇنداق قىلىپ يامغۇر ھېچ ئادەم يوق بولغان يەر يۈزىگە،
ھېچ ئادەمزاتسىز دەشت-باياۋانغا ياغدۇرۇلامدۇ؟
27 شۇنىڭ بىلەن چۆللەشكەن، قۇرغاق تۇپراقلار قاندۇرۇلىدۇ،
ئوت-چۆپ بىخ ئۇرۇپ كۆكلەپ چىقامدۇ؟
28 يامغۇرنىڭ ئاتىسى بارمۇ؟
شەبنەمنى كىم تۇغقاندۇ؟
29 مۇز بولسا كىمنىڭ بالىياتقۇسىدىن چىقىدۇ؟
ئاسماندىكى ئاق قىراۋنى بولسا كىم دۇنياغا كەلتۈرىدۇ؟
30 شۇ چاغدا سۇ قېتىپ تاشتەك بولىدۇ،
چوڭقۇر دېڭىزلارنىڭ يۈزى قېتىپ تۇتاشتۇرۇلىدۇ.
31 «قەلب يۇلتۇزلار تopy»نىڭ باغلىمىنى باغلىيالامسەن؟

---

25:38 **«يامغۇر كەلكۈنىنىڭ چۈشىدىغان قانىلىنى چېپىپ تەييارلىغان كىمدۇ؟»** — يامغۇرنىڭ يەر يۈزىنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە چۈشىدىغانلىقىنى، باشقا بىر يېرىگە چۈشمەيدىغانلىقىنى خۇدا ئاۋۋال ئالاھىدە بېكىتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

27:38 **«يامغۇر ... ھېچ ئادەمزاتسىز دەشت-باياۋانغا ياغدۇرۇلىدۇ... ئوت-چۆپ بىخ ئۇرۇپ كۆكلەپ چىقامدۇ؟ 26-27-ئايەت»** — خۇدانىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىنىڭ كۆرۈنۈشتە ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك قىلىدۇ ھەم ئادەمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. ھازىرقى تەبىئىي پەنلەرگە ئاساسەن بىلىمىزكى، ئەسلىدە كېرەكسىز دەپ قارالغان ھايۋانلار ھەم ئۆسۈملۈكلەر تەبىئەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئاسراشقا تولىمۇ كېرەك. دۇنيادىكى بەزى كىچىككىنە ئىشلار تەبىئىي مۇھىت تەڭپۇڭلۇقىغا چوڭ تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، خۇدا ئايۇپقا: «مەن ئادەمزاتسىز دەشت-باياۋاندا ئۆسكەن گۈل-گىياھلارنىڭ گۈزەللىكىدىن (مەيلى ساڭا ھېچ ئەھمىيەتسىز بولسىمۇ) ھۇزۇر ئالغۇم بولسا، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ۋە مەن ئەگەر سەن كۆرەلمەيدىغان ھەم مەقسىتىمنى چۈشەنمەيدىغان شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلسام، ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرىدا قىلغانلىرىمنى چۈشەنمىگەن بولساڭمۇ، سېنىڭ باشقا ئىشلىرىڭدا كۆرسەتكەن مۇھەببىتىمگە قاراپ ماڭا تايىنىپ ئىشەنسەڭ بولمامدۇ؟ ئەگەر بۇ ئىشلار پەقەت ئۆزۈمنىڭلا رازىلىقىم ئۈچۈن بولسا سەنمۇ رازى بولامسەن؟» — دېگەندەك بولسا كېرەك.
—بىز ئاخىردا بۇ تېمىدا يەنە توختىلىپ ئۆتىمىز.
**27:38** زەب. 35:107

ئورىئوننىڭ رىشتىلىرىنى بوشىتالامسەن؟
32 «ئون ئىككى زودىئاك يۇلتۇز تۈركۈملىرى»نى ئۆز پەسلىدە ئېلىپ
چىقىرالامسەن؟
«چوڭ ئېيىق تۈركۈمى»نى كۈچۈكلىرى بىلەن يېتەكلىيەلەمسەن؟
33 ئاسماننىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىپ يەتكەنمۇسەن؟ ئاسماننىڭ يەر
ئۈستىگە سۈرىدىغان ھۆكۈملىرىنى سەن بەلگىلەپ قويغانمۇ؟
34 سەن ئاۋازىڭنى كۆتۈرۈپ بۇلۇتلارغىچە يەتكۈزۈپ،
يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۆزۈڭنى قىيان-تاشقىنلارغا باستۇرالامسەن؟
35 سەن چاقماقلارنى بۇيرۇپ ئۆز يولىغا ماڭدۇرالامسەن؟
ئۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «مانا بىز!» دەپ ساڭا جاۋاب بېرەمدۇ؟
36 ئادەمنىڭ ئىچ-باغرىغا دانالىق بېغىشلاپ كىرگۈزگەن كىمدۇ؟
ئەقىلگە چۈشىنىش قابىلىيىتىنى بەرگەن كىمدۇ؟
37 بۇلۇتلارنى دانالىق بىلەن سانىغان كىم؟
ئاسمانلاردىكى سۇ تۇلۇملىرىنى تۆككۈدىغان كىم؟
38 بۇنىڭ بىلەن توپا-چاڭلارنى قاتۇرۇپ ئۇيۇل قىلدۇرغان،
چالمىلارنى بىر-بىرىگە چاپلاشتۇرغۇزغان زادى كىم؟

## ھايۋاناتلارنىڭ ھاياتلىق سىرلىرى

39 «چىشى شىر ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەمسەن،
شىر كۈچۈكلىرىنىڭ ئىشتىھاسىنى قاندۇرامسەن؟

---

31:38 **«قەلب يۇلتۇزلار توپى»** — بۇ تۈركۈمنىڭ يۇلتۇزلىرىنىڭ دەرۋەقە بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرۇشىدا سىرلىق بىر كۈچ بار. ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى بەزى يۇلتۇزلارنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىدىغان سىرلىق كۈچىمۇ بار.

**31:38** ئايۇپ 9:9؛ ئام. 8:5

32:38 **«چوڭ ئېيىق تۈركۈمى»** — بۇ يۇلتۇز تۈركۈمى «يەتتە قاراقچى» ياكى «يەتتە قوزۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**33:38** يەر. 35:31

**36:38** ئايۇپ 8:32؛ توپ. 26:2؛ دان. 17:1

**39:38** زەب. 21:104

40 ئۇلار ئۇۋىلىرىدا زوڭزىيىپ يۇرگەن ۋاقتىدا،
چاتقاللىق ئىچىدە تۇرۇپ تۇزاق قويۇپ، سەن ئۇلارغا ئولجا بېرەلەمسەن؟
41 يېمى كەمچىل بولۇپ، ئېزىپ كېتىپ يىراقلا كېتىپ قالغاندا،
باللىرى تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ نالە-پەرياد كۆتۈرگەندە،
تاغ قاغىلىرى ھەم باللىرى ئۈچۈن يەمنى تەمىنلىگەن كىمدۇ؟

## ھايۋاناتلارنىڭ ھاياتلىق سىرلىرى ـ داۋامى

39 1 سەن تاغدىكى ياۋا ئۆچكىلەرنىڭ قاچان تۇغىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟
جەرەنلەرنىڭ باللىغانلىقىنى كۆزىتىپ باققانمۇسەن؟
2 ئۇلارنىڭ بوغاز بولغىلى نەچچە ئاي بولغانلىقىنى سانىيالامسەن؟
ئۇلارنىڭ باللايدىغان ۋاقتىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟
3 ئۇلار قەددىنى پۈكۈپ، يېتىپ باللىرىنى تۇغىدۇ،
ئۇلار ئۆزىدىكى تولغاقنى چىقىرىپ تاشلايدۇ؛
4 ئۇلارنىڭ باللىرى كۈچلىنىپ يېتىلىدۇ،
ئۇلار دالادا ئۆسۈپ، ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ قايتىپ كەلمەيدۇ.
5 ياۋا ئېشەكنى دالاغا قويۇۋېتىپ ئەركىنلىككە چىقارغان كىم؟
شاش ئېشەكنىڭ نوختىلىرىنى يېشىۋەتكەن كىم؟
6 چۆل-باياۋاننى ئۇنىڭ ئۆيى قىلغانمەن،
شورلۇقنىمۇ ئۇنىڭ تۇرالغۇسى قىلغانمەن.

---

**41:38** زەب. 9:147؛ مات. 26:6
**1:39** زەب. 9:29
**4:39** «ئۇلار ياۋا ئۆچكىلەر دالادا ئۆسۈپ، ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ قايتىپ كەلمەيدۇ» ــ كېيىنكى «قوشۇمچە سۆز»نىمزدىكى سۆھبەتىمىزنى كۆرۈڭ.
**5:39** «شاش ئېشەك» ــ بۇ بەلكىم «ياۋا ئېشەك»نىڭ يەنە بىرخىل ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن. ئەرەبلەر ئۇنى ياۋايى ھايۋانلار ئارىسىدا قوغلاپ تۇتۇش ئەڭ قىيىن دەپ قارايدۇ. «نوختىلىرى» ــ ياكى «ئاسارەتلىرى».
**6:39** ئايۇپ 5:24؛ يەر. 24:2

[7] ئۇ شەھەرنىڭ قىيقاس-سۈرەنلىرىدىن يىراق تۇرۇپ ئۇنى مازاق
قىلىدۇ؛
ئۇ ئېشەكچىنىڭ ۋارقىرىشىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ.
[8] ئۇ تاغلارنى ئۆز يايلىقىم دەپ كېزىدۇ،
شۇ يەردىكى ھەممە گۈل-گىياھنى ئىزدەپ يۈرىدۇ.
[9] ياۋا كالا بولسا خىزمىتىڭگە كىرىشكە رازى بولامدۇ؟
سېنىڭ ئوقۇرۇڭنىڭ يېنىدا تۈرۈشقا ئۇنامدۇ؟
[10] ياۋا كالىنى تانا بىلەن باغلاپ، تاپقا چۈشۈرەلەمسەن؟!
ئۇ ساڭا ئەگىشىپ جىلغىلاردا مېڭىپ تىرنا تارتامدۇ؟
[11] ئۇنىڭ كۈچى زور بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تايىنامسەن؟
ئەمگىكىڭنى ئۇنىڭغا ئامانەت قىلامسەن؟
[12] دانلىرىڭنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئەكىلىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرامسەن؟
«دانلىرىمنى خامىنىمغا يىغىشتۇرىدۇ» دەپ ئۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟

## تۆگىقۇش

[13] تۆگىقۇش قاناتلىرىنى شادلىق بىلەن قاقىدۇ،
بىراق بۇلار لەيلەكنىڭ قانات ئۇچلىرى ھەم پەيلىرىگە يېتەمدۇ؟
[14] ئۇ تۇخۇملىرىنى يەرگە تاشلاپ قويىدۇ،

---

9:39 **«ياۋا كالا» ياكى «ئاۋراق»** — ئەپسۇس، بىز ھازىر بۇ ھەيۋەتلىك ھايۋانلارنى كۆرەلمەيمىز. 1627-يىلى ئۇلارنىڭ نەسلى قۇرىغان. بۇ ھايۋان ناھايىتى يوغان بولۇپ، ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭدىن بولغان ھايۋانلاردىن پەقەت پىل ۋە سۇ ئېتىلا بار ئىدى. ئۇنى بويۇنتۇرۇققا چېتىپ ئىشقا سېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە!

13:39 **«تۆگىقۇش قاناتلىرىنى شادلىق بىلەن قاقىدۇ، بىراق بۇلار لەيلەكنىڭ قانات ئۇچلىرى ھەم پەيلىرىگە يېتەمدۇ؟»** — بىزنىڭ تەرجىمىمىز توغرا بولسا ئۇ «تۆگىقۇشنىڭ چىرايلىق قاناتلىرى بولغىنى بىلەن، ئۇ ھېچ ئۇچالمايدۇ، لەيلەك چىرايلىق ئۇچىدۇ» دېگەن مەنىدە (لەيلەك بولسا چوڭ، ئالچىپار، كۈچلۈك بىر قۇش).
—يەنە بىر خىل تەرجىمىسى: «قانات ئۇچلىرى ھەم پەيلىرى مېھرىبانلىقنى بىلدۈرەمدۇ؟»، يەنى «تۆگىقۇشنىڭ قاناتلىرى مېھرىبانلىقنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆز تۇخۇملىرىنى يەرگە سالغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن بەزىدە كارى بولمايدۇ» دېگەن مەنىدە بولىدۇ.
—تۆگىقۇش توغرۇلۇق كېيىنكى سۆھبىتىمىزنى كۆرۈڭ.

تۇخۇملىرىم تۇپىدا ئىسسىتىلسۇن، دەيدۇ.
15 ئۇلارنىڭ تاسادىپىي دەسسىلىپ يانجىلىدىغانلىقىنى،
دالىدىكى بىرەر ھايۋاننىڭ ئاسانلا ئۇلارنى دەسسەپ-
چەيلەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇيدۇ.
16 بالىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك باغرىنى قاتتىق قىلىدۇ؛
ئۇنىڭ تۇغۇتىنىڭ ئەجرى بىكارغا كېتىدۇ،
بىراق ئۇ پىسەنت قىلمىغاندەك تۇرىدۇ.
17 چۈنكى تەڭرى ئۇنى كەم ئەقىل قىلغان،
ئۇنىڭغا دانالىقنى بەرمىگەن.
18 ھالبۇكى، ئۇ يۈگۈرۈش ئالدىدا مەيدىسىنى يۇقىرىغا كۆتۈرگىنىدە،
ئات ھەم ئاتلىقلارنى كەمسىتىپ مازاق قىلىدۇ.

## ئات

19 سەن ئاتقا كۈچ بېغىشلىغانمىدىڭ؟
سەن ئۇنىڭ بوينىغا يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان يايلىنى كىيگۈزگەنمىدىڭ؟
20 سەن ئۇنى ھەيۋەتلىك پۇرقۇشلىرى بىلەن ئادەمنى
قورقۇتىدىغان،
چېكەتكىدەك سەكرەيدىغان قىلالامسەن؟
21 ئۇ ئەشەددىيلىك بىلەن يەر تاتىلاپ-زوخچۇپ،
ئۆز كۈچىدىن شادلىنىپ كېتىدۇ،
قوراللىق قوشۇن بىلەن جەڭ قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

---

16:39 **«بالىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك باغرىنى قاتتىق قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ تۇغۇتىنىڭ ئەجرى بىكارغا كېتىدۇ، بىراق ئۇ پىسەنت قىلمىغاندەك تۇرىدۇ»** — ئەگەر باشقا ھايۋانلار تۆگىقۇشنىڭ ئۇۋىسىنى بايقاپ قالغان بولسا، تۆگىقۇش ئۇلار تۇخۇملىرىمنى يېمىسۇن دەپ، بەزىدە ئۆزى تۇخۇملىرىنى دەسسەپ چېقىۋېتىدۇ.
—كېيىنكى سۆھبىتىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.
18:39 **«ئۇ يۈگۈرۈش ئالدىدا مەيدىسىنى يۇقىرىغا كۆتۈرگىنىدە، ئات ھەم ئاتلىقلارنى كەمسىتىپ مازاق قىلىدۇ»** — تۆگىقۇش ئىنتايىن تېز يۈگۈرەلەيدۇ، چۆلدە ياكى قۇملۇقتا بولسا ئاتتىن ئىتتىك ماڭالايدۇ. ئۇنى ئوۋلاش ئىنتايىن تەس.

22 ئۇ قورقۇنچقا نىسبەتەن كۈلۈپلا قويىدۇ،
ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ؛
قىلىچنىڭ بىسىدىن ئۇ يانمايدۇ.
23 ئوقدان، جۇلالىق نەيزە، گۈرزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا شاراقشىيدۇ،
24 ئۇ يەرنى ئاچچىق ھەم غەزەپ بىلەن يۇتۇۋېتىدۇ،
جەڭ كانايىنى بىر ئاڭلاپلا ھاياجانلىنىپ قىن-قىنىغا پاتماي كېتىدۇ.
25 كانايلارنىڭ ئاۋازى بىلەنلا ئۇ: «ئايھاي!» دەيدۇ،
ئۇ جەڭنى يىراقتىن پۇراپ بولىدۇ.
ئۇ سەركەردىلەرنىڭ تووۋلاشلىرىنى، جەڭچىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلايدۇ.

## سار ۋە بۈركۈت

26 سار سېنىڭ ئەقلىڭ بىلەن ئۇچامدۇ،
قاناتلىرىنى جەنۇبقا قاراپ كېرەمدۇ؟
27 بۈركۈت بۇيرۇقۇڭ بىلەن يۇقىرىغا پەرۋاز قىلىپ كۆتۈرۈلەمدۇ،
ئۇۋىسىنى يۇقىرىغا سالامدۇ؟
28 ئۇ قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ماكانلىشىدۇ،
ئۇ تاغنىڭ چوققىسىغا قونىدۇ، تىك قىيانىمۇ تۇرالغۇسى قىلىدۇ.
29 شۇ يەردىن ئۇ ئوۋنى پايلاپ بايقىۋالىدۇ،
كۆزلىرى يىراق-يىراقلارنى كۆزىتىدۇ.
30 ئۇنىڭ باللىرى قان شورايدۇ؛
ئۆلتۈرۈلگەنلەر نەدە بولسا، ئۇ شۇ يەردە بولىدۇ».

---

26:39 **«سار سېنىڭ ئەقلىڭ بىلەن ئۇچامدۇ، قاناتلىرىنى جەنۇبقا قاراپ كېرەمدۇ؟»** — بۇ ئايەت، بەلكىم، سارنىڭ پەسىللىك كۆچۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

**27:39** يەر. 16:49؛ ئوب. 4

30:39 **«ئۆلتۈرۈلگەنلەر نەدە بولسا، ئۇ شۇ يەردە بولىدۇ»** — بۈركۈت ھەم سار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ. «مات.» 28:24نىمۇ كۆرۈڭ.

**30:39** مات. 28:24؛ لۇقا 37:17

## پەرۋەردىگار ئايۇپقا يەنە سۆز قىلىدۇ

40 [1] پەرۋەردىگار ئايۇپقا يەنە جاۋابەن: ــ
[2] «ھەممىگە قادىر بىلەن دەۋالاشقۇچى كىشى ئۇنىڭغا تەربىيە قىلماقچىمۇ؟
تەڭرىنى ئەيىبلىگۈچى كىشى جاۋاب بەرسۇن!» ــ دېدى.
[3] ئايۇپ بولسا پەرۋەردىگارغا جاۋابەن: ــ
[4] «مانا، مەن ھېچنېمىگە يارىمايمەن؛
ساڭا قانداق جاۋاب بېرەلەيمەن؟
قولۇم بىلەن ئاغزىمنى ئېتىپ گەپتىن قالاي؛
[5] بىر قېتىم دېدىم، مەن يەنە جاۋاب بەرمەيمەن؛
شۇنداق، ئىككى قېتىم دېسەممۇ مەن قايتا سۆزلىمەيمەن» ــ دېدى.

## پەرۋەردىگار كىنايىلىك سۆز قىلىدۇ

[6] ئاندىن پەرۋەردىگار قارا قۇيۇن ئىچىدىن ئايۇپقا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ــ
[7] «ئەركەكتەك بېلىڭنى چىڭ باغلا،
ئاندىن مەن سەندىن سوراي؛
سەن مېنى خەۋەردار قىلغىن.
[8] سەن دەرۋەقە مېنىڭ ھۆكۈمىمنى پۈتۈنلەي بىكارغا كەتكۈزمەكچىمۇسەن؟
سەن ئۆزۈڭنى ھەققانىي قىلىمەن دەپ، مېنى ناتوغرا دەپ ئەيىبلىمەكچىمۇسەن؟

---

2:40 «تەڭرىنى ئەيىبلىگۈچى كىشى جاۋاب بەرسۇن!» ــ ئايۇپ خۇدانى ھەققەتەن (ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن گۇمانلىنىپ) ئەيىبلىگەن. بىراق خۇدا ئۇنىڭ سەممىيلىكىنى ئۈچ دوستىنىڭ چىرايلىق گېپىدىن ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى.
4:40 زەبۇر. 39:9-10
5:40 «بىر قېتىم دېدىم.... ئىككى قېتىم دېسەممۇ...» ــ ئايۇپنىڭ بۇ كەمتەرلىك سۆزى بەلكىم «مېنىڭ سۆزلىرىم كۆپلىكىدىن ئاللىبۇرۇن چەكتىن ئېشىپ كەتتى» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن.
8:40 زەبۇر. 4:51؛ 6؛ رىم. 4:3

9 سىنىڭ تەڭرىنىڭ بىلىكىدەك كۈچلۈك بىر بىلىكىڭ بارمۇ؟
سەن ئۇنىڭدەك ئاۋاز بىلەن گۈلدۈرلىيەلەمسەن؟
10 قېنى، هازىر ئۆزۈڭنى شان-شەرەپ هەم سالاپەت بىلەن بېزىۋال!
ھەيۋەت هەم كۆركەملىك بىلەن ئۆزۈڭنى كىيىندۈرۈپ،
11 غەزىپىڭنىڭ قەھرىنى چېچىپ تاشلىغىن،
شۇنىڭ بىلەن ھەربىر تەكەببۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ،
ئاندىن ئۇنى پەسلەشتۈرگىن.
12 راست، ھەربىر تەكەببۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ،
ئاندىن ئۇنى بويسۇندۇرغىن،
رەزىللەرنى ئۆز ئورنىدا دەسسەپ يەر بىلەن يەكسان قىل!
13 ئۇلارنى بىرگە توپىغا كۆمۈپ قوي،

---

11:40 **«غەزىپىڭنىڭ قەھرىنى چېچىپ تاشلىغىن، شۇنىڭ بىلەن ھەربىر تەكەببۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئاندىن ئۇنى پەسلەشتۈرگىن»** ــ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەم غەزىپى پەقەتلا ھەققانىي مەقسەتتە بولىدۇ، ھەرگىز خالىغانچە پەقەت ئىنسانلارنىڭ مەجبۇرىي «ئىبادەت»نى ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس. مەسىلەن، مۇشۇ يەردە تەكەببۇرلارنى دەرھال ھالاك قىلىش ئەمەس، ئۇلارغا سەۋر-تاقىتىنى كۆرسىتىپ، رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىنى يارىتىپ ئاۋۋال: «تەكەببۇرلارنى پەسلەشتۈرۈش»تە ئىشلىتىلىدۇ.
12:40 **«راست، ھەربىر تەكەببۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئاندىن ئۇنى بويسۇندۇرغىن، رەزىللەرنى ئۆز ئورنىدا دەسسەپ يەر بىلەن يەكسان قىل!»** ــ خۇدا ئايۇپنى ئۆز ئالىمىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئايۇپ بۇ ئورۇندا ئولتۇرغىنىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرالامدۇ، چىقىرالامدۇ؟ بۇ ئىش پەقەتلا كۈچ-قۇدرەت مەسىلىسى ئەمەس. ئادەمدە «تەكەببۇرلار»نى پەسلەشتۈرۈپ، «رەزىللەرنى ئۆز ئورنىدا دەسسەپ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ» جازالىغۇدەك دانالىقمۇ بولمىسا، ھەممە ئىشنى بىلگەن بولمىسا ۋە پۈتۈنلەي ئادىل بولمىسا بولمايدۇ. خۇدانىڭ رەزىللەرنىڭ يەر يۈزىگە ھۆكۈم سۈرۈشىدە ئۆز مەقسىتى ھەم پىلانى بار. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى چۈشەنمىسە، ھەربىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق بىلمىسە، خاتا ھۆكۈم چىقارماي قالمايدۇ. خۇدا توغرۇلۇق ئىنجىلدا دېيىلگەندەك: «رەببىمىز ئۆز ۋەدىسىنى (يەنى رەزىللىكنى جازالاش، ئۆزىنىڭ ھەققانىي قىلغان كىشىلىرىنى ئۆز يېنىغا ئېلىشقا بولغان ۋەدىسىنى) ئورۇنداشنى (بەزىلەرنىڭ «كېچىكتۈردى» دەپ ئويلىغىنىدەك) كېچىكتۈرگىنى يوق، بەلكى ھېچكىمنىڭ ھالاك بولۇشىنى خالىماي، ھەممە ئىنساننىڭ توۋا قىلىشىغا كىرىشىنى ئارزۇلاپ، سىلەرگە كەڭچىلىك قىلىپ ۋاقىتنى سوزماقتا» («2پېت.» 9:3). يامانلارنىڭ كېيىنرەك توۋا قىلىشىنى كىم بىلەلەيدۇ؟ بۇنى بىلىدىغان پەقەت خۇدادۇر. ئايۇپنىڭ قىيامەت كۈنىدىن ئاساسەن خەۋىرى يوق، ھەم خۇدا مۇشۇ يەردە ئۇنىڭغا ئۇ توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىگەن.

يوشۇرۇن جايدا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كېپەن بىلەن ئېتىپ قويغىن؛
14 شۇنداق قىلالىساڭ، مەن سېنى ئېتىراپ قىلىپ ماختايمەنكى،
«ئۆڭ قولۇڭ ئۆزۈڭنى قۇتقۇزىدۇ!».

## بېگېموتتىن ئالغان ساۋاق

15 مەن سېنىڭ بىلەن تەڭ ياراتقان بېگېموتنى كۆرۈپ قوي؛
ئۇ كالىدەك ئوت-چۆپ يەيدۇ.
16 مانا، ئۇنىڭ بېلىدىكى كۈچىنى،
قورساق مۇسكۇللىرىدىكى قۇدرىتىنى هازىر كۆرۈپ قوي!
17 ئۇ قۇيرۇقىنى كېدىر دەرىخىدەك ئېگىدۇ،
ئۇنىڭ يوتىلىرىدىكى سىڭىرلىرى بىر-بىرىگە چىڭ توقۇپ قويۇلغان.
18 ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى مىس تۇرۇبىدەكتۇر،
پۇت-قوللىرى تۆمۈر چوقماقلارغا ئوخشايدۇ.
19 ئۇ تەڭرى ياراتقان جانىۋارلارنىڭ بېشىدۇر،
پەقەت ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىلا ئۇنىڭغا ئۆز قىلىچىنى يېقىنلاشتۇرالايدۇ.
20 تاغلار ئۇنىڭغا يېمەكلىك تەمىنلەيدۇ؛
ئۇ يەردە ئۇنىڭ يېنىدا دالادىكى هەربىر هايۋانلار ئوينايدۇ.
21 ئۇ سەدەپگۈل دەرەخلىكىنىڭ ئاستىدا ياتىدۇ،

---

15:40 **«بېگېموت»** — ئىبرانىي تىلىدىكى بىر سۆز. ئۇيغۇر تىلىغا بۇ سۆز ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، «سۇ ئېتى» دېگەن هايۋاننى كۆرسىتىدۇ. بىراق مۇشۇ ئايەتلەر تەسۋىر قىلغان هايۋان «سۇ ئېتى» ئەمەس. مەسىلەن، 16-ئايەتتە ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ كېدىر دەرىخىدەك چوڭ هەم ئۇزۇن بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. 19-ئايەتتە ئۇنىڭ هايۋانلار ئىچىدە ئەڭ چوڭى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ — دېمەك، ئۇ بىرخىل ئىنتايىن چوڭ ئوتخور هايۋان. ئۇنىڭ توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى يىغىپ، يەكۈن چىقارساق، هازىر نەسلى قۇرىغان «برونتوساۋر»نى (دىنوزاۋرنىڭ بىر تۈرى) كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ زور چوڭ هايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، ئېغىرلىقى 100 توننا چىقاتتى. هازىرقى زاماندىكى ئالىملارنىڭ بولسا بەلكىم بۇ خۇلاسىگە قارشى چىقىش مۇمكىنچىلىكى بولغىنى بىلەن، بۇ تەسۋىر ئۆزى ئايۇپنىڭ دەۋرىدە بۇ ئاتالمىش «تارىخنىڭ ئىلگىرى»دىكى هايۋاننىڭ ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولغانلىقىغا قالتىس ئىسپات كۆرسىتىدۇ.

19:40 **«پەقەت ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىلا ئۇنىڭغا ئۆز قىلىچىنى يېقىنلاشتۇرالايدۇ»** — بۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى چۈشىنىش تەس. باشقا خىل تەرجىمىسىمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن.

قومۇشلۇق ھەم سازلىقنىڭ سالقىنىدا ياتىدۇ.
22 سەدەپگۈللۈكلەر ئۆز سايىسى بىلەن ئۇنى ياپىدۇ؛
ئۆستەڭدىكى تاللار ئۇنى ئوراپ تۇرىدۇ.
23 قارا، دەريا تېشىپ كېتىدۇ، بىراق ئۇ ھېچ ھودۇقمايدۇ؛
ھەتتا ئىئوردانەدەك بىر دەريامۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۆركەشلەپ ئۇرۇلسىمۇ،
يەنىلا خاتىرجەم تۇرۇۋېرىدۇ.
24 ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى تۇتقىلى بولامدۇ؟
ئۇنى تۇتۇپ، ئاندىن بۇرنىنى تېشىپ چۇلۇك ئۆتكۈزگىلى بولامدۇ؟

## لېۋىئاتاندىن ئالغان ساۋاق

41 1 لېۋىئاتاننى قارماق بىلەن تارتالامسەن؟
ئۇنىڭ تىلىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ باسالامسەن؟
2 ئۇنىڭ بۇرنىغا قومۇش چۇلۇكنى كىرگۈزەلەمسەن؟
ئۇنىڭ ئېڭىكىنى تۆمۈر نەيزە بىلەن تېشەلەمسەن؟
3 ئۇ ساڭا ئارقا-ئارقىدىن ئىلتىجا قىلامدۇ؟
ياكى ساڭا ياۋاشلىق بىلەن سۆز قىلامدۇ؟
4 ئۇ سەن بىلەن ئەھدە تۈزۈپ،
شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنى مەڭگۈ مالاي سۈپىتىدە قوبۇل قىلالامسەن؟
5 سەن ئۇنى قۇشقاچنى ئويناتقاندەك ئويناتامسەن؟
دېدەكلىرىڭنىڭ ھۇزۇرى ئۈچۈن ئۇنى باغلاپ قويامسەن؟
6 تىجارەتچىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە سودىلىشامدۇ؟
ئۇنى سودىگەرلەرگە بۆلۈشتۈرۈپ بېرەمدۇ؟
7 سەن ئۇنىڭ پۈتكۈل تېرىسىگە ئاتارنەيزىنى سانجىيالامسەن؟
ئۇنىڭ بېشىغا چاڭگاك بىلەن سانجىيالامسەن؟!

---

24:40 «...ئۇنى تۇتۇپ، ئاندىن بۇرنىنى تېشىپ چۇلۇك ئۆتكۈزگىلى بولامدۇ؟» ــ بېكېموتنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمزنى كۆرۈڭ.
1:41 «لېۋىئاتان» ــ يۇقىرىقى 3-باب، 8-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

8 قولۇقىنى ئۇنىڭغا بىرلا تەگكۈزگەندىن كېيىن،
بۇ جەڭنى ئەسلەپ ئىككىنچى ئۇنداق قىلغۇچى بولمايسەن!
9 مانا، «ئۇنى بويسۇندۇرىمەن» دېگەن ھەرقانداق ئۈمىد بىھۇدىلىكتۇر؛
ھەتتا ئۇنى بىر كۆرۈپلا، ئۈمىدسىزلىنىپ يەرگە قاراپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟
10 ئۇنىڭ جېنىغا تېگىشكە پېتىنالايدىغان ھېچكىم يوقتۇر؛
ئۇنداقتا مېنىڭ ئالدىمدا تۇرماقچى بولغان كىمدۇر؟
11 ئاسمان ئاستىدىكى ھەممە نەرسە مېنىڭ تۇرسا،
مېنىڭ ئالدىمغا كىم كېلىپ «ماڭا تېگىشلىكىنى بەرگىنە» دەپ باققان ئىكەن،
مەن ئۇنىڭغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىكمۇ؟
12 لېۋىئاتاننىڭ ئەزالىرى،
ئۇنىڭ زور كۈچى،
ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ گۈزەللىكى توغرۇلۇق،
مەن سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمەن.
13 كىم ئۇنىڭ ساۋۇتلۇق تونىنى سالدۇرۇۋېتەلىسۇن؟
كىم ئۇنىڭ قوش ئېڭىكى ئىچىگە كىرىۋالالىسۇن؟
14 كىم ئۇنىڭ يۈز دەرۋازىلىرىنى ئاچالىسۇن؟
ئۇنىڭ چىشلىرى ئەتراپىدا ۋەھىمە ياتىدۇ.

---

10:41 **«ئۇنىڭ جېنىغا تېگىشكە پېتىنالايدىغان ھېچكىم يوقتۇر؛ ئۇنداقتا مېنىڭ ئالدىمدا تۇرماقچى بولغان كىمدۇر؟»** ــ لېۋىئاتان ئىنسانغا ئۆكتىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىش خۇدانىڭ ئۆز ھەيۋىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتۇر؛ ئىنسانلار لېۋىئاتاننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھەم تىلسىم كۆركەملىكىگە قاراپ خۇدادىن ئەيمىنىشى كېرەكتۇر. ئوقۇرمەنلەرنىڭ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

11:41 **«مېنىڭ ئالدىمغا كىم كېلىپ «ماڭا تېگىشلىكىنى بەرگىنە» دەپ باققان ئىكەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ماڭا كىم ئاۋۋال بىر نەرسە بەرگەنىكەن، ئاندىن «ماڭا تېگىشلىكىنى بەرگىنە» دەپ باققان ئىكەن؟».

**11:41** مىس. 5:19؛ قان. 14:10؛ زەب. 1:24؛ 12:50؛ رىم. 35:11؛ 1كور. 26:10، 28

13:41 **«...كىم ئۇنىڭ قوش ئېڭىكى ئىچىگە كىرىۋالالىسۇن؟»** ــ باشقا نەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار، مەسىلەن: ــ «... كىم ئۇنىڭ ئىككى قۇر چىشلىرى ئىچىگە كىرىۋالالىسۇن؟» ياكى «... كىم ئۇنىڭغا يۈگەننى يېقىنلاشتۇرالىسۇن؟».

15 قاسىراقلىرىنىڭ سەپلىرى ئۇنىڭ پەخرىدۇر،
ئۇلار بىر-بىرىگە چىڭ چاپلاشتۇرۇلغانكى،
16 بىر-بىرىگە شامال كىرمەس يېقىن تۇرىدۇ.
17 ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ھەمراھلىرىغا چاپلاشقاندۇر؛
بىر-بىرىگە زىچ يېپىشتۇرۇلغان، ھېچ ئايرىلماستۇر.
18 ئۇنىڭ چۈشكۈرۈشلىرىدىن نۇر چاقنايدۇ،
ئۇنىڭ كۆزلىرى سەھەردىكى قاپاقتەكتۇر.
19 ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوتلار چىقىپ تۇرىدۇ؛
ئوت ئۇچقۇنلىرى سەكرەپ چىقىدۇ.
20 قومۇش گۈلخانىغا قويغان قايناۋاتقان قازاندىن چىققان ھوردەك،
ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىدىن تۈتۈن چىقىپ تۇرىدۇ؛
21 ئۇنىڭ نەپىسى كۆمۈرلەرنى تۇتاشتۇرىدۇ،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر يالقۇن چىقىدۇ.
22 بويىنىدا زور كۈچ ياتىدۇ،
ۋەھىمە ئۇنىڭ ئالدىدا سەكرىشىپ ئوينايدۇ.
23 ئۇنىڭ ئەتلىرى قات-قات بىرلەشتۇرۇلۇپ چىڭ تۇرىدۇ؛
ئۇستىدىكى قاسىراقلىرى يېپىشتۇرۇلۇپ، مىدىرلىماي تۇرىدۇ.
24 ئۇنىڭ يۈرىكى بەئەينى تاشتەك مۇستەھكەم تۇرىدۇ،
ھەتتا تۈگمەننىڭ ئاستى تېشىدەك مەزمۇت تۇرىدۇ.
25 ئۇ ئورنىدىن قوزغالسا، پالۋانلارمۇ قورقۇپ قالىدۇ؛
ئۇنىڭ تولغىنىپ شاۋقۇنلىشىدىن ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ.
26 بىرسى قىلىچنى ئۇنىڭغا تەگكۈزسىمۇ، ھېچ ئۈنۈمى يوق؛
نەيزە، ئاتارنەيزە ۋە ياكى چاڭگاق بولسىمۇ بەربىر ئۈنۈمسىزدۇر.

---

15:41 **«قاسىراقلىرىنىڭ سەپلىرى ئۇنىڭ پەخرىدۇر، ئۇلار بىر-بىرىگە چىڭ چاپلاشتۇرۇلغانكى...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ پۈتۈن دۈمبىسى قاسىراقلاردۇر، ئۇلار بىر-بىرىگە چىڭ چاپلاشتۇرۇلغانكى...»

25:41 **«ئۇنىڭ تولغىنىپ شاۋقۇنلىشىدىن ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ»** — باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

27 ئۇ تۆمۈرنى سامانDEك،
مىسنى پور ياغاچتەك چاغلايدۇ.
28 ئوقيا بولسا ئۇنى قورقۇتۇپ قاچقۇزالمايدۇ؛
سالغا تاشلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا پاخالغا ئايلىنىدۇ.
29 توقماقلارمۇ پاخالدەك ھېچنېمە ھېسابلانمايدۇ؛
ئۇ نەيزە-شەشبەرنىڭ تەگلىنىشىگە قاراپ كۈلۈپ قويىدۇ.
30 ئۇنىڭ ئاستى قىسمى بولسا ئۆتكۈر ساپال پارچىلىرىدۇر؛
ئۇ لاي ئۈستىگە چوڭ تىرنا بىلەن تاتىلىغاندەك ئىز قالدۇرىدۇ.
31 ئۇ دېڭىز-ئوكيانلارنى قازاندەك قاينىتىۋېتىدۇ؛
ئۇ دېڭىزنى قازاندىكى مەلھەمدەك ۋاراقشىتىدۇ؛
32 ئۇ ماڭسا ماڭغان يولى پارقىرايدۇ؛
ئادەم بۇژغۇنلارنى كۆرۈپ چوڭقۇر دېڭىزنى ئاپئاق چاچلىق بوۋاي دەپ ئويلاپ قالىدۇ.
33 يەر يۈزىدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر،
ئۇ ھېچ قورقماس يارىتىلغان.
34 ئۇ بۈيۈكلەرنىڭ ھەرقانداقىغا جۈرئەت بىلەن نەزەر سېلىپ، قورقمايدۇ؛
ئۇ بارلىق مەغرۇر ھايۋانلارنىڭ پادىشاھىدۇر».

---

29:41 **«شەشبەر»** ــ بېشى تىكەندەك بولغان ئۇزۇن بىرخىل نەيزە.

30:41 **«ئۇنىڭ ئاستى قىسمى بولسا ئۆتكۈر ساپال پارچىلىرىدۇر»** ــ ياكى «ئۇنىڭ ئاستى قىسمى بولسا، بەئەينى قىيىق تاشلاردۇر».

34:41 **«ئۇ بارلىق مەغرۇر ھايۋانلارنىڭ پادىشاھىدۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ بارلىق مەغرۇر بولغۇچىلارنىڭ پادىشاھىدۇر».
—ئوقۇرمەنلەرنىڭ لېۋىئاتاندىن ئالغان ساۋاقلار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»دىكى سۆھبىتىمىزنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## پەرۋەردىگارغا سىرداش دوست بولۇش

42 [1] ئايۇپ پەرۋەردىگارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ــ
[2] «ھەممە ئىشنى قىلالايدىغىنىڭنى،
ھەرقانداق مۇددىئايىڭنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغىنىنى بىلدىم!
[3] «نەسىھەتنى تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر بىلەن خىرەلەشتۈرگەن كىم؟»
بەرھەق، مەن ئۆزۈم چۈشەنمىگەن ئىشلارنى دېدىم،
مەن ئەقلىم يەتمەيدىغان تىلسىمات ئىشلارنى ئېيتتىم.
[4] ئاڭلاپ باققايسەن، سۆزلەپ بېرەي؛
مەن سەندىن سوراي، سەن مېنى خەۋەردار قىلغايسەن.
[5] مەن قۇلىقىم ئارقىلىق خەۋىرىڭنى ئاڭلىغانمەن،
بىراق ھازىر كۆزۈم سېنى كۆرۈۋاتىدۇ.
[6] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن،
شۇنىڭ بىلەن توپا-چاڭلار ۋە كۈللەر ئارىسىدا تۇۋا قىلدىم».

## ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش

[7] پەرۋەردىگار ئايۇپقا بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن شۇنداق بولدىكى،
پەرۋەردىگار تېمانلىق ئېلىفازغا مۇنداق دېدى: ــ

---

42:3 ««نەسىھەتنى تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر بىلەن خىرەلەشتۈرگەن كىم؟» بەرھەق، مەن ئۆزۈم چۈشەنمىگەن ئىشلارنى دېدىم...» ــ ئايۇپ خۇدانىڭ (2:38) سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرگىنىدە، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئەسلى تەنبىھ بەرگەن سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، جاۋاب بېرىپ: ــ «مەن!» دېگەندەك، ئۆزىگە بۇ جاۋابكارلىقنى ئالىدۇ. بىراق يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئۇنىڭ ئۈچ دوستى ھەم ئېلىخۇمۇ ئوخشاشلا «نەسىھەتنى تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر بىلەن خىرەلەشتۈرگەن» ئىدى، دەپ قارايمىز.
42:3 ئايۇپ 2:38؛ زەب. 5:40؛ 1:131؛ 6:138؛ 6:139
42:5 «ئاڭلاپ باققايسەن، سۆزلەپ بېرەي؛ مەن سەندىن سوراي، سەن مېنى خەۋەردار قىلغايسەن» ــ بەزى شەرھچىلەر بۇ سۆزلەرنى خۇدانىڭكى (3:38، 7:40)، ئايۇپ پەقەت ئۇلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئەسلىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بىزنىڭچە ئايۇپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ چىن كۆڭلىدىكى گېپى قىلىپ ئىشلىتىدۇ.
42:6 «توپا-چاڭلار ۋە كۈللەر ئارىسىدا تۇۋا قىلدىم» ــ قەدىمدە قاتتىق تۇۋا قىلىش، پۇشايمان قىلىش، ماتەم تۇتۇشلار «توپا-چاڭلار ۋە كۈللەر ئارىسىدا» ئولتۇرۇش ئارقىلىق بىلدۈرۈلەتتى.

«مېنىڭ غەزىپىم ساڭا ھەم ئىككى دوستۇڭغا قاراپ قوزغالدى؛
چۈنكى سىلەر مېنىڭ توغرامدا ئۆز قۇلۇم ئايۇپ توغرا سۆزلىگەندەك
سۆزلىمىدىڭلار. [8] بىراق ھازىر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يەتتە تورپاق ھەم
يەتتە قوچقارنى ئېلىپ، قۇلۇم ئايۇپنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆز-ئۆزۈڭلار
ئۈچۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇڭلار؛ قۇلۇم ئايۇپ سىلەر ئۈچۈن
دۇئا قىلىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇنى قوبۇل قىلىمەن؛ بولمىسا، مەن ئۆز
نادانلىقلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا قايتۇرۇپ بېرەي؛ چۈنكى سىلەر مېنىڭ
توغرامدا قۇلۇم ئايۇپ توغرا سۆزلىگەندەك توغرا سۆزلىمىدىڭلار».
[9] شۇنىڭ بىلەن تېمانلىق ئېلىفاز، شۇخالىق بىلداد ۋە نائامالىق
زوفار ئۈچەيلەن بېرىپ پەرۋەردىگار ئۇلارغا دېگىنىدەك قىلدى؛ ھەمدە
پەرۋەردىگار ئايۇپنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.
[10] شۇنىڭ بىلەن ئايۇپ دوستلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋىدى،
پەرۋەردىگار ئۇنى ئازاب-قىيىنچىلىقلىرىدىن قايتۇرۇپ، ئەسلىگە
كەلتۈردى؛ پەرۋەردىگار ئايۇپقا بۇرۇنقىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بە
ردى. [11] شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بارلىق ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل ۋە
ئۇنىڭغا ئىلگىرى دوست-ئاغىنە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
يېنىغا كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە
تاماقلاندى؛ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشىپ، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا
كەلتۈرگەن بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلەر توغرىسىدا تەسەللى بېرىشتى؛
ھەمدە ھەربىر ئادەم ئۇنىڭغا بىر تەڭگىدىن كۈمۈش، بىردىن

---

7:42 **«مېنىڭ غەزىپىم ... قوزغالدى؛ چۈنكى سىلەر مېنىڭ توغرامدا ئۆز قۇلۇم ئايۇپ توغرا سۆزلىگەندەك سۆزلىمىدىڭلار»** — خۇدانىڭ بۇ سۆزى، بولۇپمۇ «مېنىڭ قۇلۇم ئايۇپ **مېنىڭ** توغرامدا توغرا سۆزلىگەن» دېگىنى، بىزگە ئاچقۇچ بولۇپ، ئۈچ دوستىنىڭ ۋە ئايۇپنىڭ بايانلىرىدىن توغرا ۋە ناتوغرا يەرلىرىنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن ھالقىلىق رول ئوينىغۇسى.

8:42 **«قۇلۇم ئايۇپ سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ»** — روشەنكى، خۇدا ئايۇپقا ئىشىنىدۇ، كۆزى ئايۇپنىڭ دوستى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا رازى بولىدىغانلىقىغا يېتىدۇ.

10:42 **«پەرۋەردىگار ئۇنى ئازاب-قىيىنچىلىقلىرىدىن قايتۇرۇپ، ئەسلىگە كەلتۈردى»** — ئىبرانىي تىلىدا: «پەرۋەردىگار ئايۇپنى ئەسىرلىكىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى».

**ئالتۇن هالقا بېرىشتى. [12] پەرۋەردىگار ئايۇپقا كېيىنكى كۈنلىرىدە بۇرۇنقىدىن كۆپرەك بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلدى؛ ئۇنىڭ ئون تۆت مىڭ قويى، ئالتە مىڭ تۆگىسى، بىر مىڭ قوشلۇق كالىسى، بىر مىڭ مادا ئېشىكى بار بولدى. [13] ئۇنىڭدىن يەنە يەتتە ئوغۇل، ئۈچ قىز تۇغۇلدى. [14] ئۇ قىزلىرىنىڭ بىرىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «يېمىماھ»، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «كەزىيە»، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «كەرەن-خاپۇق» دەپ قويدى. [15] پۈتكۈل زېمىندا ئايۇپنىڭ قىزلىرىدەك شۇنچە گۈزەل قىزلارنى تاپقىلى بولمايتتى؛ ئاتىسى ئۇلارنى ئاكا-ئۇكىلىرى بىلەن ئوخشاش مىراسخور قىلدى.**

---

11:42 **«ھەربىر ئادەم ئۇنىڭغا بىر تەڭگىدىن كۈمۈش، بىردىن ئالتۇن ھالقا بېرىشتى»** — ئاشۇ ۋاقىتتا بەلكىم تەڭگە-تىللادەك پۇل يوق، پەقەت ئالتۇن-كۈمۈش پارچىلىرى بولۇشى مۇمكىن

13:42 **«ئۇنىڭدىن يەنە يەتتە ئوغۇل، ئۈچ قىز تۇغۇلدى»** — پەرۋەردىگار ئايۇپقا «تىرىلىش» توغرۇلۇق بىۋاستە ھېچقانداق گەپ قىلمىدى. ئىبراق تېكىستتە (10-ئايەت) مۇنداق دېيىلىدۇ: — «پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بەردى». ھايۋانلارنىڭ سانى بولسا ئىككى ھەسسە دەرىجىدە كۆپەيتىلدى. مەسىلەن، ئەسلىدە ئۇنىڭ يەتتە مىڭ قويى بار ئىدى؛ ھازىر ئۇنىڭ ئون تۆت مىڭ قويى بار بولدى، قاتارلىقلار. ئىبراق ئەسلىدە ئۇنىڭ «ئون بالىسى، يەنى يەتتە ئوغلى، ئۈچ قىزى» بار ئىدى؛ ھازىر بولسا ئۇنىڭ ئون تۆت ئوغلى، ئالتە قىزى بار بولۇش كېرەكقۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ قىيامەت كۈنىدە قايتىدىن ئەسلىدىكى يەتتە ئوغلى، ئۈچ قىزى بىلەن جەم بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ھەقىقەتەن ئون بالىلىق ئەمەس، بەلكى يىگىرمە بالىلىق بولىدۇ. ئايۇپ يېڭى بالىلىرىنىڭ ئونىنچىسى بىلەن توختاپ قېلىشى بىلەن، بەلكىم بۇ «ئىككى ھەسسە» دېگەن ئىش كەلگۈسىدە چوقۇم بىر تىرىلىشنى كۆرسىتىدۇ، مەن ئەسلىدىكى ئون سۆيۈملۈك بالامدىن پەقەت ۋاقىتلىق ئايرىلدىم، دەپ ئويلاشقا باشلىغان بولسا كېرەك. شۇڭا بىزنىڭچە تىرىلىش توغرۇلۇق بۇ ئىشلاردىن بېشارەت ئالدى.
—دېمەك، «پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بەردى» — قىيامەت كۈنى ئايۇپ ئۇلارنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى بىلەنلا يەنىلا خۇشاللىق بىلەن ئۇلار بىلەن جەم بولۇپ، ئون تۆت ئوغلى، ئالتە قىزى بىلەن دىدارلىشىپ، «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن»دا بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىنىدۇ.

14:42 **«يېمىماھ»** — «پاختەك» دېگەن مەنىدە.

—«كەزىيە» — «دارچىن» (خۇشپۇراقلىق بىر خىل ئەتىر) دېگەن مەنىدە.

—«كەرەن-خاپۇق» — «سۈرمە مۈڭگۈز» (سۈرمىگە تولغان بىر مۈڭگۈز) دېگەن مەنىدە.

15:42 **«ئاتىسى ئۇلارنى ئاكا-ئۇكىلىرى بىلەن ئوخشاش مىراسخور قىلدى»** — بەلكىم يېڭى ئائىلىسى ئۈچۈن مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش، ياكى ئۇنىڭ ھازىرقى بايلىقلىرىنىڭ مولluقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.

[16] بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئايۇپ بىر يۈز قىرىق يىل ياشاپ، ئۆز ئوغۇللىرىنى، ئوغۇللىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى، ھەتتا تۆتىنچى چەۋلادقىچە، يەنى ئەۋرىلىرىنىمۇ كۆرگەن. [17] شۇنىڭ بىلەن ئايۇپ ياشىنىپ، كۈنلىرىدىن قانائەت تېپىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

# قوشۇمچە سۆز

## «ئايۇپ» دېگەن كىتابتىن ئالغان بەزى ئوي-پىكىرلەر ۋە ساۋاقلار

دىققەت: تۆۋەندىكى شەرھلىرىمىز مۇقەددەس كىتابتىكى ئەسلى نۇسخا تېكىستلەر ئەمەس، بەلكى بىز ئەينى تېكىستلەرگە قوشقان ئىزاھاتلاردەك ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىشىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن يازغان تەھلىللىرىمىزدۇر.

## خۇدا نېمە ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئۆزىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، ئۇنى خالىغانچە ھاقارەتلىشىگە يول قويىدۇ؟ (1- ۋە 2-بابلار)

«ئايۇپ»تىكى تېكىستلەر بىزنى بۇ سوئالغا بىۋاسىتە جاۋاب بىلەن تەمىنلىمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز «ئايۇپ»نىڭ 1- ۋە 2-بابلىرى، شۇنىڭدەك مۇقەددەس كىتابنىڭ باشقا بابلىرىدىن شەيتان توغرىسىدىكى بەزى مەلۇماتلارنى يىغىنچاقلىيالايمىز: —

(ئا) خۇدا «بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەممە يەردە بولىدۇ»، لېكىن شەيتان ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇ خۇداغا: «مەن يەر يۈزىنى كېزىپ پايلاپ، ئۇياق-بۇياقلارنى ئايلىنىپ چۆرگىلەپ كەلدىم» («ئايۇپ» 1-2-بابلار) دەيدۇ. دېمەك، شەيتاننىڭ خۇدانىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەرز قىلىش پۇرسەتلىرىمۇ چەكلىك بولىدۇ («پېترۇس» (1)» 5:7-9دىمۇ مۇشۇنىڭغا دائىر مەلۇماتلار بار).

(ئە) شەيتان يالغانچى، ئۇنىڭ ئاساسىي قورالى يالغان سۆزلەش ۋە ئەرز-شىكايەتلەردۇر («يۇھاننا» 44:8، 10:10).

(ب) «ۋەھيي» دېگەن كىتابتا شەيتاننىڭ كېچە-كۈندۈز خۇدا ئالدىدا ئېتىقادچىلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ («ۋەھيي» 10:12، «زەك.» 1:3-4نىمۇ كۆرۈڭ). «ئايۇپ» دېگەن كىتابتا شەيتان خۇدا ئۈستىدىنمۇ شىكايەت

قىلدۇ. شەيتان خۇداغا: سېنىڭ ئىنسانلارنى كەچۈرۈم قىلىشىڭ، ئۇلارغا شەپقەت كۆرسىتىشىڭ ئىنساندا ھېچقانداق ھەقىقىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلمىدى»، «بۇ تەرەپتىن ئالغاندا سەن خۇدا مەغلۇپ بولدۇڭ؛ ھېچكىم سېنى ھەقىقىي سۆيمەيدۇ» دەپ پۈرىتىدۇ. شەيتاننىڭ دېگىنى بويىچە بولغاندا، ئايۇپ پەقەت خۇدانى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنلا «سۆيىدۇ» («ئايۇپ» 1:9-11، 2:4-5).

(پ) قارىشىمىزچە، شەيتاننىڭ خۇداغا قارىتا تۆپ شىكايىتى شۇكى: «خۇدا ئىنسانلارنى ھە دېسىلا كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ. ئەمما مەن شەيتان خۇداغا قارشى چىققان شۇ دەقىقىدىلا، جازالىنىپ خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن ھەيدىۋېتىلگەنمەن» (بۇ توغرۇلۇق «ئەز.» 28:1-19، «ۋەھ.» 4:11لەرنى كۆرۈڭ). دەرھەقىقەت، خۇدا ئۆزىگە نىدا قىلغان گۇناھ سادىر قىلغان ئىنسانلارنى ئۆزلۈكسىز شەرتسىز كەچۈرۈم قىلىپ كەلدى. ئۇ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىدۇ؟ خۇدانىڭ ئادالىتى گۇناھنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

شەيتاننىڭ شىكايىتى يەنە يەشۇئانىڭ داۋاملىق باش كاھىن بولۇشىغا قارشى چىققانلىقىدا كۆرۈنىدۇ. «زەك.» 1:3-4تە خاتىرىلەنگەن غايىبانە كۆرۈنۈش بويىچە، يەشۇئا پاسكىنا، يىرگىنچلىك كىيىملەر بىلەن كىيىنگەن، كاھىن بولۇشقا پۈتۈنلەي لاياقەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ!

مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمى شەيتاننىڭ بۇ شىكايىتىنى ئۈزۈل-كېسىل تۈۋۈاقلايدۇ. رەب ئەيسا مەسىھ كرېستلىنىپ، بارلىق گۇناھكارلارنىڭ ئورنىدا بىزگە تېگىشلىك بولغان جازايىمىزنى كۆتۈرۈپ، كەچۈرۈم قىلىشتىكى تولۇق بەدەلنى تۆلىگەن. ئۇنىڭغا ئىتىقاد باغلىغانلار خالىس بېرىلگەن سوغۇات سۈپىتىدە شۇ كەچۈرۈمنى قوبۇل قىلىدۇ.

گەرچە مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمىنىڭ خۇدانىڭ نىجات يولىنى ئاچىدىغانلىقى پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن بېشارەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى تاكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە، بۇ سىر شەيتاننىڭ قوشۇنلىرىدىن يوشۇرۇن تۇتۇپ كېلىنگەنىدى («1كور.» 2:8)؛ شۇڭا خۇدا شەيتاننىڭ «ئايۇپ» 1-2-بابلاردىكى ئۆزىگە قىلغان شىكايەتلىرىگە قارىتا ھېچنېمە دېمەيدۇ؛ «زەكەرىيا» 3-بابتا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى پەقەت شەيتاننىڭ شىكايىتىگە جاۋابەن: «پەرۋەردىگار سېنى ئەيىبلىسۇن!» دەيدۇ.

شەيتان مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمى بىلەن مەغلۇپ بولدى. بۇ ھەقىقەتنى روسۇل پاۋلۇس «كول.» 2:13-15دە بايان قىلىدۇ «ئۇ (مەسىھ) ھۆكۈمدارلاردىن ۋە ھوقۇقدارلاردىن ئولجا ئېلىپ، كرېستتە ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تەنتەنە بىلەن غەلىبە قىلدى». مەسىھ بۇ «ھۆكۈمدارلار»دىن ئالغان «ئولجا» بولسا دەل ئۇنىڭ جامائىتى، يەنى بارلىق ئېتىقادچىلاردۇر.

مەسىھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، شەيتان خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، خۇدانى يۈز تۇرانە ئەيىبلەپ ئەرز قىلالماس بولۇپ قالغان، دەپ قارايمىز. ئەرشلەر مەسىھنىڭ قۇربانلىق قېنى ئارقىلىق ئاشۇ يالغان شىكايەتلەر ۋە ھاقارەتلەردىن پاكلاندۇرۇلدى («ئىبر.» 9:23-24).

(ت) شەيتاننىڭ جىنلىرى يەر يۈزىدە ئىنسان تەنلىرىنى ئۆز ماكانى قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ («مات.» 12:44-45)؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئەرشلەرنىڭ چەكلىك بىر قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بازىسى سۈپىتىدە ئىلكىدە تۇتۇپ، ئۇنى ئىدارە قىلىدۇ؛ خۇدا ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە («ئەف.» 3:20، 6:10-12). ھالبۇكى، بۇ يەرلەر خۇدانىڭ ھۇزۇرى، يەنى «ئۈچىنچى قات ئاسمان» («2كور.» 12:2) ئەمەس. ئېتىقادچىلارنىڭ قىلغان «روھىي ئۇرۇش»لىرى دەل شۇ «ھۆكۈمرانلار، ھوقۇقدارلار، بۇ دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇقنى باشقۇرغۇچى دۇنياۋى ئەمىرلەر، يەنى ئەرشلەردە تۇرۇۋاتقان رەزىل روھىي كۈچلەر» بىلەن بولىدۇ.

(چ) ئاخىرقى زاماندا شەيتان يەر يۈزىگە تاشلىنىدۇ («ۋەھ.» 12:7-13). ئاندىن مەسىھنىڭ «مىڭ يىللىق سەلتەنەت»نىڭ بېشىدا ئۇ زەنجىرلەپ قويۇلىدۇ («ۋەھ.» 20:1-3)؛ مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرىدا ئىنسانلارنىڭ سىنىلىشى ئۈچۈن ئۇ يەنە قىسقا ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىلىدۇ؛ ئاندىن ئاخىرىدا ئۇ «ئوت ۋە گۈڭگۈرت كۆلى»گە تاشلىنىدۇ («ۋەھ.» 20:10).

يۇقىرىقى: «خۇدا نېمە ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنى خالىغانچە ھاقارەتلىشىگە يول قويىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشتە، بىز مۇتلەق جايىدا جاۋاب بېرەلىدۇق دەپ ئېيتالمايمىز. ئەمما خۇدانىڭ خاراكتېرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ قەلبىنى سىنىغانغا ئوخشاش (مەسىلەن «1تار.» 17:29، «زەب.»

9:7، 5:11، «پەند.» 3:17، «يەر.» 20:11، 12:20، «1كور.» 4:4-5، «1تىس.» 4:2، «ۋەھ.» 10:2، 23:2نى كۆرۈڭ)، ئۇ بەزىدە ئۇنىڭ ئەرشتىكى خىزمەتكارلىرى بولغان پەرىشتىلەرنىڭ ئېتىقادى ۋە مۇھەببىتىنىمۇ سىنايدۇ، دەپ قارايمىز. بىزنىڭ خۇداغا بولغان مۇھەببىتىمىز يەر يۈزىدە بولغىنىمىزدا سىنىلىدۇ؛ مۇھەببىتىمىز بارمۇ، يوقمۇ، بىزنىڭ قارارىمىز ۋە تاللىغىنىمىزدا ئايان قىلىنىدۇ. ئېتىقاد ۋە مۇھەببەت سىنالمىسا، ئۇنداقتا مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد قانداق ئايان بولىدۇ؟

شۇ سەۋەبتىن «ئېرەم باغ»دا «ياخشى بىلەن يامانىنى بىلگۈزگۈچى دەرەخ» قويۇلغانىدى؛ شۇ دەرەخ ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنى دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېمەسلىك ئارقىلىق خۇداغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچىنى بىلدۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن. مۇھەببەت ۋە ئېتىقادنىڭ سىنىلىشى زۆرۈردۇر.

ئەرشلەردىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق. «ئايۇپ» 1-2-بابلاردا خاتىرىلەنگەندەك، خۇدا شەيتاننىڭ ئۆز ھوزۇرىغا كىرىپ، ئەرز قىلىشىغا يول قويۇش ئارقىلىق، پەرىشتىلەرگە ئۆزىگە بولغان ئىمان-ئىشەنچىنى داۋاملىق بىلدۈرۈش پۇرسىتىنى بەردى (خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا ئىشىنەمدۇ، شەيتانغىمۇ؟ ئەسلىدە پەرىشتىلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى شەيتانغا ئەگىشىپ ئەرشتىن ھەيدىۋېتىلگەنىدى («ۋەھيي» 4:12نى كۆرۈڭ).

يۇقىرىقى جاۋابىمىزدىن باشقا، شەيتاننىڭ خۇدانىڭ ئالدىغا خالىغانچە كىرىشىگە يول قويۇلۇشىنىڭ باشقا سەۋەبلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

«تەبىرلەر»دىكى شەيتان توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

## ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەزكۇر سۆھبەتلەردە، جۈملىدىن دوستلارنىڭ ئايۇپقا شىكايەت قىلغان سۆزلىرىدە ئاز بولمىغان خاتالىقلار مەۋجۇت دەپ قارايمىز. ئايۇپنىڭ سۆزلىرىمۇ بەزىدە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتتىن ھەم دەرد-ئەلەمدىن چىققانلىقتىن، ئاچچىق ئىچىدە تەلۋىلەرچە ئېيتىلغان بولۇپ، خاتالىقلارمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بەزىدە خۇدا مېنىڭ دۈشمىنىم دەيدۇ؛ بەزىدە ئۇ خۇدا بۇ دۇنيادىكى

ياماندلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە، بىگۇناھلارنىڭ ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىشىغا پىسەنت قىلمايدۇ، دەيدۇ. ھالبۇكى، ئاخىردا قارايدىغان بولساق خۇدانىڭ: «مېنىڭ توغرامدا خاتا سۆزلىدىڭلار» دەپ ئەيىبلىگىنى ئايۇپ ئەمەس، بەلكى ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستى بولۇپ چىقىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە قارىتا ئايۇپ ئۆزى بىزگە جاۋاب بېرىدۇ: ــ «ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىنىڭ گەپلىرى ئۆتۈپ كېتىدىغان شامالدەك بولىدۇ» (6ـباب، 26ـئايەت). ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىلەر بەزىدە ئۆز دەرد-ئەلىمىنى تۆككىنىدە، ئۆزىنى باسالماي دېگەن سۆزلىرىدە دېمەكچى بولغىنىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلمەي قالىدۇ. بۇ نۇقتا ھەممىمىزگە ئايان بولۇشى كېرەك.

مەيلى ئەرلەر بولسۇن ياكى خانىم-قىزلار بولسۇن سۆزلىگىنىدە، خۇدا پەقەت ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ يۈزەكى مەنىسىگە ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ ماھىيىتىگە قارايدۇ، دەپ ئىشىنىمىز؛ شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئايۇپنىڭ كۆڭلىنىڭ ئۆزىنى ھەرنەپەس ئىزدەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. بىز ئۆزئارا پاراكلاشقاندىمۇ خۇدانىڭ ئۇشبۇ خاراكتېرىدە تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىمدۇر؛ بىز چوقۇم ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىغا ۋە سۆزنىڭ قانداق چىقىشىغا ئەمەس، بەلكى سۆز قىلغۇچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قارىشىمىز كېرەك. مانا بۇ چىن دوستلۇقنىڭ يارقىن نامايان بولىدۇر.

شۇنىمۇ چوڭقۇر بىلىشىمىز كېرەككى، ئايۇپنىڭ دوستلىرىدەك كىشىلەر تايىنىپ كەلگەن، ئىنسانلارنىڭ كۆزقاراشلىرىدىن ۋۇجۇدقا چىققان پەلسەپەلەر، ئۆرپ-ئادەتلەر، ئەنئەنىلەر (8:8-10 بىلداد ئېيتقىنىدەك)، شەخسىي ھېسسىياتلار (2:20-3 زوفار ئېيتقىنىدەك) ۋە ياكى ھەتتا «شەخسىي كەچۈرمىشلەر» قاتارلىقلار بولسۇن (4-باب، ئېلىفازنىڭكىدەك)، مەيلى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەر ياكى دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن دېيىلگەن سۆزلەر بولسۇن، ئازاب تارتىۋاتقان كىشىلەرگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدۇ. پەقەت خۇدانىڭ دوستلۇقىدا بولغان كىشىلەرلا باشقىلارغا ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئىشلارنى چۈشىنىشكە ياردەم بەرگۈدەك مۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلالايدۇ (خۇددى ئېلىخۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئايۇپقا ياردىمى بولغاندەك). ئۇنداق بولمىغاندا، قولىمىزدىن كېلىدىغىنى پەقەت ھېسداشلىق بىلدۈرۈش بىلەن كۈيۈنۈشتىن باشقىسى بولمايدۇ.

شۇڭا شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئايۇپ بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ دوستى ئارىلىقىدىكى سۆھبەتلەر بىزگە ھەرخىل ساۋاق بولسۇن ئۈچۈن، خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەزكۇر كىتابتا خاتىرىلەنگەن؛ بىراق بۇنداق ساۋاقلار، تەلىملەر ھەرگىز «بوۋاقىا يېگۈزۈش ئۈچۈن تۈتۈپ تۇرۇلغان قوشۇقتىكى يۇمشاق ئاش» ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز ئويدان چاينايدىغان، چوڭقۇر ئويلىنىش بىلەن ھەزىم قىلىنىدىغان تاماقتۇر.

## 27-باب، 13-23-ئايەت: ئايۇپنىڭ «يامانلارنىڭ ئاقىۋىتى» توغرۇلۇق سۆزلىرىگە - ئىزاھات

تۆۋەندە بىز ئۇشبۇ ئايەتلەر ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ ئايەتلەردىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئايۇپ «يامانلارنىڭ ئاقىۋىتى» توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى مەيداندىن ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ سۆزىگە سەل قوشۇلغاندەك قىلىدىغان بۇ بايانى ئۇنىڭ بارلىق بايانلىرى ئىچىدىكى چۈشىنىشكە ئەڭ تەس بولغان بايانى بولۇشى مۇمكىن. بۇ بايانلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئېيتقانلىرىغا قارمۇ-قارشى ھالەتتە سۆزلەنگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئىلگىرى ئۇ: «يامانلارنىڭ جازالانماسلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمشقا شۇنچە كۆپ رەزىللەر ھېچ جازالانماي مىسكىنلەرنى خالىغانچە ئېزىدۇ؟ بەزىدە يامانلار پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ، راست؛ بىراق گۇناھسىزلارمۇ ئوخشاشلا ئۇچرايدۇ؛ بۇ ئىشلاردا ھېچقانداق تەرتىپنى بايقىغىلى بولمايدۇ» — دېگەنىدى. بىراق ھازىر «ئۇنىڭ بالىلىرى كۆپەيسە، ئۇلار قىلىچلىنىش ئۈچۈنلا كۆپىيىدۇ؛ ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ نىنى يېتىشمەيدۇ...» دەپ بايان قىلىدۇ. بۇ زادى قانداق گەپ؟

بۇ ئىككى خىل بايانىنى ئىنچىكە سىلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئەمەلىيەتتە ئالدىدا تەسۋىرلىگەن يامانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ تەپسىلاتلىرى كېيىن تەسۋىرلىگەن ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەمما ئومۇمەن ئېيتقاندا، زىددىيەت بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا بولمايدۇ.

ئايۇپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە يامانلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئادالەت بىلەن جازالانمايدىغانلىقىغا، بىگۇناھلارنىڭ ئېزىلگەنلىكىدە چىك تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى بۇ

پاكىتلارغا ئادەمنى رازى قىلغۇدەك چۈشەندۈرۈش بېرەلمەيتتى. بىراق پەرىزىمىزچە، شۇنداق ئىمكانىيەت باركى، ئايۇپنىڭ ئېتىقادى بۇ ئەشەددىي پاكىتلارنى ئويلاشقا بىردەملىك بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەرەزلىرىگە تايىنىپ، تەسەۋۋۇرىنى ئىشلىتىپ «يامانلار ئەمەلىيەتتە مەن دېگەن يول بىلەن جازالىنىدۇ، ھەققانىيلار قىلغانلىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ، شۇڭا خۇدا راست ئادىل بولىدۇ» دەپ ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ.

روشەنكى، ئۇنىڭ ئىلگىرى دېگەن گەپلىرى ھازىرقى دېگەن گەپلىرىگە قەتئىي رەددىيە بېرىدۇ (ئۆزىمىزنىڭ تەجرىبىمىزمۇ رەددىيە بېرەمدۇ-يوق؟). ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ بۇنداق بىردەملىكلا ئاجىزلىقىنى ھەممىمىز چۈشىنەلەيمىز دەپ ئويلايمىز.

بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز چۈشەنچىسىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مەزكۇر سۆھبەتلەردە مەلۇم بىر زاتنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ياكى ناتوغرىلىقىنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن، پەرۋەردىگارنىڭ ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستىغا كېيىن ئېيتقان: «سىلەر مېنىڭ توغرامدا ئۆز قۇلۇم ئايۇپ توغرا سۆزلىگەندەك سۆزلىمىدىڭلار» دېگەن سۆزىنىڭ نۇرى ئاستىدا ھەممە سۆزلەرنى دەڭسەپ بېقىش كېرەك دەپ ئويلايمىز.

## ئېلىخۇنىڭ سۆزلىرى

ئايۇپ، ئېلىفاز، بىلداد، زوفار ۋە ئېلىخۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگار تەرىپىدىن: «نەسىھەتنى تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر بىلەن خىرەلەشتۈرگەن زادى كىم» (2:38) دەپ ئەيىبلەندى. ئەمما خۇدا ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستىنى «سىلەر مېنىڭ توغرامدا ئۆز قۇلۇم ئايۇپ توغرا سۆزلىگەندەك سۆزلىمىدىڭلار» (7:42) دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، ئېلىخۇ مۇشۇنداق ئەيىبلەنگەن ئەمەس. ئەيىبلەنمەسلىكى مەلۇم جەھەتتىن ئېلىخۇنىڭ ئۇلاردىن كۆپ ياش بولغانلىقىدىن ۋە ياكى سەۋر-تاقەت بىلەن سۆزلەش پۇرسىتىنى كۈتكەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن؛ بىراق ئويلىنىشىمىزچە، بۇنداق بولۇشىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە خاتالىق يەرلىرى بولغىنى بىلەن ئۇ يەنىلا ئايۇپقا نىسبەتەن، ھەقىقەتەن ھەقىقەتنى سۆزلىگەن خۇدانىڭ گۇۋاھچىسى ئىكەنلىكىدىن بولغان. ئۇنىڭ ئايۇپقا (ھەم بىزگە)

ئېيتقان مۇھىم مەزمۇنلۇق سۆزلىرى ئىچىدە، تۆۋەندىكىلەرنى گەۋدىلىك دەپ قارايمىز: ــ

(I) خۇدا ئۇلۇغ بىر ئوقۇتقۇچىدۇر. ئۇ مۇقەددەس روھى ئارقىلىق ئىنساننىڭ روھىدا ھەم ۋىجدانىدا نەسىھەت ھەم ئاگاھلارنى سۆزلەيدۇ.

(II) ئىنسان مۇقەددەس روھنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىسا، ئۇ چۈشلەر ھەم غايىبانە ئالامەتلەر ئارقىلىق ئادەملەرنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزۈش ئالدىدىكى گۇناھلىرى توغرۇلۇق ھەم ئۆز تەكەببۇرلۇقى توغرۇلۇق سەگىتىدۇ.

(III) ئەگەر يەنىلا ئويغىنالمىغان بولسا، خۇدا ئادەملەرنى كېسەللىككە ياكى ھەرخىل مۇشكۈللۈككە ئۇچرىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى سەگىتىپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مەقستى ئۇلارنى جازالاش ئەمەس، بەلكى مېھىر-مۇھەببىتىدىن ئۇلارغا گۇناھلىرىدىن، تەكەببۇرلۇقىدىن توۋا قىلىش پۇرسىتىنى بېرىشتۇر.

(IV) خۇدا بىلەن ئىنسان ئارىسىدا تۇرغان بىر كېلىشتۈرگۈچى بار. بۇ كېلىشتۈرگۈچىنىڭ ئىلتىجا دۇئاسى ئارقىلىق ئادەم قۇتقۇزۇلىدۇ، چۈنكى كېلىشتۈرگۈچى ئادەمنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ.

شۇڭا، بۇ زاتنىڭ دۇنياغا كېلىشى توغرۇلۇق ھەم ئېلىخۇ ھەم ئايۇپمۇ بېشارەت بەرگەن، دەپ ئىشىنىمىز.

(V) خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن ئۇ بەلكىم ئادەملەرگە بىر قېتىملا ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم توۋا قىلىش پۇرسىتىنى بېرىشى مۇمكىن (بىراق پۇرسەتنىڭ زادى قانچىلىكلىكىگە ھېچكىم كاپالەت بېرەلمەيدۇ!).

(VI) ئېلىخۇ خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىنى ياراتقانلىقىدىن، جۈملىدىن ئىنسانلاردىن خەۋەر ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەيدۇ.

مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن قانۇنلارغا ئاساسەن ھەربىر دەۋانى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھچى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئايۇپ بۇ «دەۋا»سىدا ئۇ ئىككى گۇۋاھچىدىن خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلىغانىدى ــ بىرىنچى گۇۋاھچى ئېلىخۇ، ئىككىنچى گۇۋاھچى بولسا خۇدانىڭ ئۆزى ئىدى. شۇڭا ئىشىنىمىزكى،

ئېلىخۇ خۇدانىڭ ئايۇپقا ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇر. ئايۇپنىڭ ئېتىقادى بىر تەرەپتىن سىنىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئارقىلىق ئادىمىيلىك جەھەتتىن، تەكەببۇرلۇقتىن ھەم ئۆز-ئۆزىگە تايانغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رەزىل ئىللەتلەردىن تاۋلىنىدۇ. مانا بۇ تاۋلىنىش ئۇنى تېخىمۇ ساپ ئېتىقادقا ئېرىشتۈرىدۇ. شۇڭا، ئېلىخۇنىڭ ئۇنى تەكەببۇرلۇق توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئۇنىڭ ۋىجدانىغا تەگكەن دەپ قارايمىز. بىز بۇنى ئۇنىڭ ئېلىخۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچقانداق جاۋاب بەرمىگەنلىكىنىڭ بىر سەۋەبى دەپ قارايمىز.

شۇنداقتىمۇ، ئېلىخۇ يەنىلا ئايۇپقا ئۇۋال قىلىدۇ. ئۇ ئايۇپنى: ــ «باشقىلارنى مازاق قىلىشتىن ھۇزۇر ئالىسەن»، «يامان ئادەملەرگە ھەمراھ بولۇپ ماڭىسەن»، «خۇداغا بويسۇنۇپ خىزمەت قىلىشنىڭ پايدىسى يوق دەيسەن» (34:7-9) ھەم «ئاسىيلىق قىلغانسەن» (34:37) دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇ ئايۇپقا ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلمايدۇ؛ ئۇ ئىنساننىڭ گۇناھى ۋە ياكى ئىتائەت قىلىشى خۇداغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ (35-باب) دەيدۇ. بىراق «ئايۇپ» 1-باب، تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» قىسمى ۋە باشقا يەرلەردىن بىلىمىزكى، بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. ئۇ ئايۇپنىڭ باشقا دوستلىرىغا ئوخشاش «يامانلار بۇ دۇنيادا غەلىبە قىلمايدۇ» دېگەن ئىنتايىن ئاددىي خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەزىدە (ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى ياكى ئۆزگىلەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ) سۆزمەنلىك قىلىپ قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىخۇدىن ئالغان مۇھىم بىر ساۋاق شۇكى، مەلۇم بىر ئادەم خۇدانىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكىتىنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن. بىراق بىز ئېلىخۇنىڭ «خۇدا ئۆز روھى ئارقىلىق ئىنسانغا ساۋاق ئۆگىتىدۇ» دېگەن ئىنتايىن مۇھىم تەلىمىنى كۆڭلىمىزدە ساقلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغان چېغىمىزدىلا بىز خۇدادىن (مەيلى كىمنىڭ ۋاستىسىدىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر) ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى پەرق ئېتىدىغان، شۇنداقلا قوبۇل قىلىدىغان قۇلاقلارنى بىزگە ئاتا قىلىشىنى ئىلتىجا قىلالايمىز. شۇنداق قىلىپ بىز تەكەببۇرلۇقنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ياكى باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى باھانە قىلىپ ئۇلارنىڭ توغرا ھەم ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى قوبۇل قىلماسلىقتىن ساقلىنالايمىز.

يۇقىرىقى ئىزاھاتلاردا دېگىنىمىزدەك، بىز ئىلخۇنى مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى دەپ قارايمىز.

## پەرۋەردىگار ئايۇپقا قىلغان سۆزلەر

پەرۋەردىگارنىڭ ئايۇپقا قىلغان سۆزلىرى ئاجايىب، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇنىڭ ئايۇپقا ئېيتمىغان سۆزلىرىمۇ ئوخشاشلا ئاجايىبتۇر. خۇدا ئۆزىنىڭ ئايۇپقا قىلغان مۇئامىلىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ناماقۇل بولمايدۇ؛ ئايۇپنىڭ ئىلگىرىكى ئېچىنىشلىق يېلىنىشلىرىغا خۇددى پەرۋا قىلمايۋاتقاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ سىرلىرى توغرىسىدا ئۇ ھېچقانداق يىپ ئۇچىنى تەمىنلىمەيدۇ؛ ياكى ئايۇپنىڭ بالايىئاپەتنىڭ زەربىلىرى ئاستىدا قىلغان سەۋر-تاقىتىنىمۇ ھېچ تەرىپلىمەيدۇ؛ ئۇنىڭ سىناقتىن ئۆتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا دەپ چۈشەندۈرمەيدۇ؛ ياكى ئۆزىنىڭ ئايۇپ ئارقىلىق «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى»غا ئىنسانىنىڭ خۇداغا شەخسىيەتسىزلىك بىلەن خالىس خىزمەت قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قايىل قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئايۇپ بىلەن ھېچ سىردىشىپ قويمايدۇ؛ ئۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق چۈشكەن زەربىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك قولىدىن كەلگەنلىكىنى سۆزلىمەيدۇ؛ ئىلخۇ ئازابنىڭ تەربىيە بېرىش ۋە ئادەمنى گۇناھنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش رولى توغرۇلۇق سۆزلىگىنى بىلەن، خۇدا ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ؛ ئۇ يامانلارنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ھېچقانداق گەپ قىلمايدۇ؛ ئۇ دوستىنىڭ شىكايەتلىرىگە ھەم ئايۇپنىڭ ئۆزىنى ئاقلىغانلىقىغا ئوخشاشلا پەرۋا قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۆلۈم-تەھتىسارانى يوشۇرىدىغان چۈمبەلنى ئېلىپ تاشلىماي تىرىلىش ھەم كېيىنكى قىيامەت كۈنى توغرۇلۇقمۇ ھېچ سۆز قىلمايدۇ. ئەگەر خۇدا يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدە سۆز قىلغان بولسا، ئايۇپنى ئەڭ قىينايدىغان مەسىلىلەردىن بىرىگە جاۋاب بەرگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئايۇپنىڭ دوستلىرى بىلەن قىزغىن تالاش-تارتىش قىلغان مەسىلە ئۈستىدە توختالغان سۆزلىرى يوق دېگۈدەك ئىدى. ئۇ يەنە ئايۇپ بېشارەت بەرگەن دۇنياغا كەلگۈسىدە كېلىدىغان قۇتقۇزغۇچى توغرۇلۇقمۇ بىۋاستە ھېچ گەپ قىلمايدۇ.

يەنە ئىچكىرىلەپ تەھلىل ئېلىپ بارىدىغان بولساق، بىز شۇنى تونۇپ يېتەلەيمىزكى، ئايۇپنىڭ ئەڭ چوڭ ئازابى ئۇنىڭ مال-چارۋا، پادىلىرىدىن ئايرىلىشمۇ، پۈتۈن بالا-چاقىلىرىدىن بىراقلا دەھشەت بىلەن ئايرىۋېتىلىشمۇ ۋە ياكى ئۇنى بىر تېرە بىر سۆڭەك قىلىپ قويغان قورقۇنچلۇق تېرە كېسىلىمۇ ئەمەس؛ يەنە ئۆز جامائەت-يۇرتداشلىرىنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىشلىرىمۇ ئەمەس، ياكى ئۇلارنىڭ ئۇنى «خۇدا لەنەت قىلىپ ئۇرغان» دەپ مازاق قىلغانلىقىمۇ ئەمەس؛ دوستلىرىنى ئۆزگە تەسەللى بېرىدۇ دەپ قىلغان ئۈمىدىنى يەردە قويغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ سەن مەلۇم بىر ئېغىر گۇناھنى يوشۇرۇپ كەلدىڭ ياكى ھەتتا خۇداغا ئاسىيلىق قىلدىڭ دېگەن شىكايەتلىرىمۇ ئەمەس؛ ئۇنى ئەڭ ئازابلايدىغان ئىش شۇكى، ئۇ ئەسلىدە ئۆز دوستى دەپ بىلگەن، «چېدىرىمدا ماڭا سىرداش بولغان!» دېگەن خۇداسىنىڭ ھازىر بولسا ئۇنى تاشلاپ ئۆز دۈشمىنى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىندۇر. دوستلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توختاۋسىز مۇنازىرىلىشىپ، ئازاب-ئوقۇبەت بولسا يامانلىقنى چۈشۈرۈلگەن جازا، ھەققانىيلار پەقەت بەرىكەتلىك كۈنلەرنى كۆرىدۇ، ھەردائىم شۇنداق بولىدۇ، دەپ ئۇنىڭغا زەربە قىلىپ تەنقىد قىلغانلىرى ئۇنى بۇ قايغۇغا تېخىمۇ چۆمدۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئاچچىق داد-پەريادلارنى كۆتۈرگۈزىدۇ. ھالبۇكى، كۆرگىنىمىزدەك ئۇ قورقۇنچلۇق گۇمانلار ئىچىگە غەرق بولغاندا، ئۇنىڭ روھى خۇدانىڭ ئۆزگەرمەس ياخشىلىقى، ۋەدىسىدە قەتئىي تۇرىدىغانلىقى ھەم ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا ئەۋەتىدىغان بىر قۇتقۇزغۇچىسى توغرىسىدىكى بېشارەتلىك، ئېتىقادلىق ئۈتكۈر بايانلار بىلەن گۇمانلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ.

ئايۇپنىڭ ھەممە گەپلىرىنى تۈگىتىشى ھەم باشقىلارمۇ سۆزلەردىن توختىشى بىلەنلا ئاندىن پەرۋەردىگار ئۆزى سۆز قىلىدۇ. ئۇ پەقەت سۆزلا قىلىپ قالماي، يەنە ئۆزى ئايۇپقا كۆرۈنىدۇ. ئەمدى ئۇ گۈلدۈرماما ئارىسىدىن سۆز قىلغاندا ئايۇپ باشلىنىشتىلا ئۇنىڭ ئاۋازىنى دۈشمەنىنىڭ ئەمەس، بەلكى دوستىنىڭ ئاۋازى دەپ بىلىدۇ. بۇ ئايۇپ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق سوئاللىرىنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىشىدىن كۆپ ئەۋزەل ئىدى. خۇدا ئۇنى قورقۇنچلار بىلەن تارمار قىلمايدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەسلىدە ھەققانىيلىق بىلەن قىلغانلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ، ياكى دوست ۋە رەقىبلىرىنىڭ تەنقىدلىرىنىڭ ئاساسلىرى بار دەپ پۈرىتىپ ئېيتمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى خۇداسىنىڭ يېنىغا

قايتىپ كەلدىم دەپ بىلدۇ؛ شۇنداقلا خۇدانىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىدىن ھېچ ئايرىلىپ باقمىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ ھەمدە ئىنساننىڭ ئازابلىرىنى خۇدانىڭ چۈشۈرگەن غەزىپىنىڭ مۇتلەق ئالامىتى ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق زور تەسەللىگە ئېرىشىدۇ. خۇدانىڭ ئۇلۇغ شەپقىتىنى ھەم ھەققىتىنى قايتىدىن تونۇپ يېتىپ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ھېچنېمىنى، ھەتتا ئۆزىنى ئاقلاشنىمۇ ئىلتىجا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرى يېگى بىرخىل بويسۇنۇشتا، يېگى بىر خۇشاللىقتا غايىب بولىدۇ.

خۇدا ئايۇپقا مازاق تۇسىدە ئەمەس، بەلكى كىنايىلىك بىر تۇستە سۆز قىلىدۇ – يەنى دوستلار ئۆزئارا ئەركىن پاراكلىشىۋاتقان ھالەتتە سۆز قىلىدۇ. ئۇ ئۇنىڭغا ھەققىي ئەركەك بولۇش توغرۇلۇق، ئۆزى ياراتقان كائىنات توغرۇلۇق ئازراق سۆزلەيدۇ. تۆۋەندە بۇ ھادىسىلەر ھەم ھايۋانلار توغرۇلۇق بىزمۇ ئويلىغىنىمىز توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەلكىم بۇ ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلاردا ئۆز ئوي-پىكىرلىرى بولۇشى مۇمكىن؛ بىز ئوقۇرمەنلەرگە ئازراق ياردىمى بولسۇن دەپ ئۆزىمىزنىڭ بىرنەچچە ئوي-پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## يەر-زېمىن ۋە دېڭىز (11-4:38)

خۇدا يەر شارىنى ياراتقان چاغدا ئىنسانلارغا قارىغاندا خۇداغا تېخىمۇ يېقىن بولغان پەرىشتىلەر شادلىقىدىن ناخشىلار ئېيتقانىدى. ئۇلارنىڭ شادلىق كۈيلىرى بىزنى ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا خىتاب قىلماقتا.

يۇقىرىدىكى ئىزاھاتلاردا سۆزلىگىنىمىزدەك، يەر-زېمىن ۋە دېڭىز-ئوكيانلار ئىنتايىن نازۇك بولغان بىر تەكپۈكلۈقتا ساقلىنىپ كەلمەكتە. خۇدا نۇھ پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىنسانلارغا بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ چوڭ بىر توپان بىلەن يەر-زېمىننى يوقاتمايمەن دەپ ۋەدە قىلغان. بىراق گەرچە يەر يۈزىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى دېڭىز بولسىمۇ، بىز خۇدانىڭ شەپقىتى بىلەن تېخى قورۇقلۇق ئۈستىدە تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولدۇقمۇ ياكى «بۇ شۇنداق بولۇش كېرەك!» دەپ قاراۋاتامدۇق؟

## تاك سەھەر ۋە نۇر (38:12ـ15)

گەرچە بىز كۈندۈز ھەم كېچىنى يەر شارىنىڭ ھەر 23 سائەت، 56 مىنۇت 4 سېكۇند ئايلىنىشىدىن ئالمىشىپ تۇرىدۇ، شۇڭا «قۇياش چىقىشى» بىلەن ئەتىگەن بولىدۇ دەپ بىلگەن بولساقمۇ، بۇ ھادىسىنى يۇرگۈزگۈچى يەنىلا بەربىر خۇدادۇر؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى ئۈچۈن مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەك. نۇرغا كەلسەك، كۆزنىڭ نۇر ئارقىلىق مۆھتىمىزدىن ئۇچۇر ئېلىش قابىلىيىتى شۈبھىسىزكى «توختاۋسىز يۈز بېرىدىغان بىر مۆجىزىدۇر»؛ بۇنداق مۆجىزىنىڭ ھەر دەقىقىدە مەۋجۇت بولۇشى ئاتالمىش «تەدرىجىي تەرەققىيات» نەزىرىيىسىدە دېيىلگەن ئىمكانىيەتتىن يىراقتىن يىراقتۇر.

## دېڭىز «بۇلاقلىرى» (38:16)

بىپايان «سۇ ئامبارلىرى» ياكى «سۇ بۇلاقلىرى» دېڭىزلاردىلا ئەمەس، بەلكى يەر ئاستىدىكى تاشلاردىمۇ بار. خۇدا مۇشۇ يەردە مانا بۇلارنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. دېڭىزلارنىڭ چوڭقۇر يەرلىرى يەر شارىنىڭ تېخى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانمىغان چوڭ جايلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۆلۈمنىڭ دەرۋازىلىرى (38:17ـ18)

گەرچە بىز ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن مەسىھ ئەيسانىڭ تەلىمىدىن ئۆلۈم ـ تەھتىسارا توغرۇلۇق «ئايۇپ»قا سېلىشتۇرغاندا بىلىمىمىز چوڭقۇرراق بولسىمۇ، بىراق ئۆلۈم ئايۇپ ئۈچۈن ۋە بىز ئۈچۈنمۇ ھازىرغىچە يەنىلا چوڭ بىر سىردۇر.

## نۇر ۋە قاراڭغۇلۇق (38:19ـ21)

نۇر ئالەمنىڭ ئەڭ چوڭ سىرلىرىدىن بولۇپ كەلمەكتە. ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتلىرى ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلار نۇر توغرىسىدا بىزگە

كارامەت يېڭى مەلۇماتلارنى ئۆزلۈكسىز بەرمەكتە؛ شۇنداقتىمۇ، نۇر يەنىلا شۇنداق سىرلىق تۇرماقتا.

## قار، مۆلدۈر (38:22-23)

قار ۋە مۆلدۈر بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا تېپىشماقلارنى قويىدۇ. بىر قار ئۇچقۇنىنىڭ مىكروسكوپ ئاستىدا كۆرۈنگەن گۈزەل نۇسخىلىرى بەلكىم خۇدا سۆزلىگەن «قار خەزىنىلىرى»نىڭ بىر تەرىپى بولسا كېرەك. ئىككى پارچە قار ئۇچقۇنىنىڭ ئوخشاش نۇسخىدا بولغانلىقى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس.

مۆلدۈرلەرنىڭ بولسا ئادەمنىڭ مۇشتىچىلىكمۇ بولغانلىقى بايقالغان. شۇنچە ئېغىر بىر نەرسە قانداقمۇ ئاسماننىڭ ئۆزىدە شەكىللەنسۇن؟ مېتېئورولوگىيە جەھەتتە ئازراق بىلىمگە ئېرىشىش پەقەتلا ئۇنىڭ توغرىسىدىكى سوئاللىرىمىزنى كۆپەيتىدۇ.

## شەرق شامىلى (38:24)

گەرچە ھاۋا رايىنىڭ «كومپيۇتېر مودېل»ى ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاۋا رايىدىن تولۇق ئالدىن مەلۇمات بېرەلىشى تولىمۇ يىراق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىۋېرىدۇ.

## يامغۇر، گۈلدۈرماما، چاقماق، شەبنەم (38:25-27)

چاقماقنى ھاسىل قىلىدىغان ئاددىي بوران-چاپقۇننىڭ قۇدرىتى بىرنەچچە ئاتوم بومبىسىدىن كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ. بىراق چاقماقنىڭ بۇ قۇدرىتى شۇ بومبىلارنىڭ ھالاك قىلىش كۈچى بىلەن بىرقاتاردا قويۇلمايدۇ، بەلكى ھەتتا «ھايات تەكىۈۈكلۈق»نى كېرەك بولغان بىرنەچچە خىل خىمىيىۋى بىرىكمىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

ھاۋانىڭ سۈنى كۆتۈرۈپ، پارغا ئايلاندۇرۇشى بىلەن سۈيۈلۈقنى ئۇيۇتۇش، ئويۇتمىنىڭ تەكىۈۈكلۈقىنى ساقلاش (شەبنەم، يامغۇر تامچىلىرى قاتارلىقلار) خۇسۇسىيىتى بولمىغان بولسا، دۇنيادا ھېچ جانلىق نەرسە بولمايتتى.

## مۇز، قىراۋ (38:28-30)

بارلىق سۈيۈقلۇقلار ئىچىدە پەقەت سۇنىڭ قېتىشىدىلا (مۇز ھالىتىگە كىرگەندە) شۇنچە چوڭ كېڭىيىش يۈز بېرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، كۆل-دېڭىزلاردا مۇز پەيدا بولسا، ئاستىدا ئەمەس، ئۈستىدە شەكىللىنىدۇ؛ بۇ ھالەت بولمىسا، يەر يۈزىدە ھېچ جان ئىگىسى بولمايتتى.

روشەنكى، ئايۇپنىڭ دېڭىزلارنىڭ مۇزلىشى توغرىسىدا خەۋىرى بار ئىدى؛ (بولمىسا خۇدا ئۇنىڭغا بۇلارنى دەپ بەرمىگەن بولاتتى) - شۇڭا ئۇ ئىنتايىن يىراق يۇرتلارغا بېرىپ كەلگەن ئادەم بولسا كېرەك.

## يۇلتۇزلار ۋە يۇلتۇز تۈركۈملىرى (38:31-33)

خۇدا كۆپچىلىككە تونۇش بولغان يۇلتۇز تۈركۈملىرى توغرىسىدا سۆز قىلىدۇ. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، كۆپ قىسىم كىشىلەر «قەلب يۇلتۇز توپى»دا پەقەت يەتتىدەك يۇلتۇزنى كۆرەلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ 800دىن كۆپ يۇلتۇزدىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنى بىر-بىرىگە چىتىشتۇرغان كۈچ ھازىرغىچە سىر بولۇپ تۇرماقتا. ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمىدە بىر-بىرىگە چېتىقلىق بەزى يۇلتۇزلارمۇ بار؛ ئورىئوننىڭ «قىلىچ»ىدا كارامەت بىر «يۇلتۇز بۇلۇتى» بار.

## بۇلۇت ۋە چاقماق (38:34-38)

بۇلۇتلار قانداق قىلىپ سۇنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى دېڭىزدىن يىراق بولغان قەشقەردەك يۇرتلارغا ئاپىرىپ ياغدۇرۇردۇ؟ قانداق قىلىپ پۈتۈن قۇرۇقلۇقتىكى جانىۋارلارنى باقىدۇ؟ بۇمۇ خۇدانىڭ كارامەت ئىكەنلىكىنىڭ بىر بەلگىسى، ئەلۋەتتە.

## شىرلار (38:39-40)

شىرلارغا يېمەكلىكنى قانداق قىلىپ تەمىنلەش بەلكىم ئىنسانلار ئەڭ ئاز كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلاردىن بىرى بولسا كېرەك! بەزىلەر ھەتتا شىرسىز بىر دۇنيانى تىلەيدۇ. بىراق خۇدا ئۇلارنى ئېسىدە تۇتىدۇ ھەم ئۇلارغا كۆيۈنىدۇ. ئىنساننىڭ ئويلىرى بولسا

ھەممىشە ئۆزىگە چېتىشلىق ئىشلار بىلەن چەكلىنىدۇ؛ بىراق ئۇلار شىرلارنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك. ئەگەر ئايۇپ خۇدانىڭ ئىشلىرىغا ئەھمىيەتلىك بىر ھۆكۈم چىقارماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ شىرلار توغرىسىدا بىرنېمىنى چۈشىنىشكە توغرا كەلمەسمۇ؟

## تاغ قاغىلىرى (41:38)

تاغ قاغىلىرى ئادەملەردىن يىراقلاردا ياشايدۇ؛ شىرلاردىن غەم قىلمىغاندەك، ئۇلارمۇ ئىنسانلار غەم قىلىدىغان ئىشلاردىن بىر قىسمى ئەمەس. بۇ ياۋايى، دەندەتكىلى بولمايدىغان بىر قۇشتۇر. ئۇ سوغۇق، خىلۋەت تاغلىق رايونلاردا ياشاشتىن ھۇزۇر ئالىدۇ. خۇدا ئۇنىڭغا ئۆز ئورنىنى بېكىتىپ بەرگەن؛ ئىنسانلار بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆز مەقسىتى باردۇر.

## ياۋا ئۆچكىلەر ۋە جەرەنلەر (39:1-4)

خۇدا ئادەمزاتنىڭ بىلىمىدىن ياكى كونتروللىدىن يىراق تۇرىدىغان بۇنداق ھايۋانلار توغرۇلۇق سۆزلەشتىن ھۇزۇر ئالغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن تۇغۇت تولغاقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئايان. شۇڭا ئۇ ئايۇپنىڭ قايغۇسىغا كۆيۈنمەسمۇ؟ جەرەنلەرنىڭ باللىرى چوڭ بولۇپ يېتىلىدۇ، ئاندىن ئانىسىنىڭ تۇغۇت تولغىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قايتىپ كەلمەيدۇ؛ ئانىلىرى بولسا ئۇلارنى ئايىمايلا قويۇۋېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر؛ ئۇلارنىڭ بۇنداق ھاياتىنىڭ ئەركىن شەكىللىنىشىمۇ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىدارىسى ئاستىدىدۇر. ئۇلارغا قاراپ باقايلى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر نەرسە ياكى ئادەم توغرۇلۇق «بۇ مېنىڭكى» دېيىشى توغرىمۇ؟ ئايۇپ يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ بېشىدا خۇداغا ئىبادەت قىلىپ: — «ھەممىنى پەرۋەردىگار ماڭا بەرگەن، ئەمدى پەرۋەردىگار مەندىن ئېلىپ كەتتى» — دېگەنىدى. بىراق ئۇ بۇ ھەقىقەتنى ئۆزىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەنمۇ؟ خۇدا بۇنداق ياۋايى ھايۋانلارغا دالانى كېزىش ئەركىنلىكى بەرگەن يەردە، ئۇ ئادەملەرگىمۇ ئەركىنلىك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە؛ بۇ ئەركىنلىك (مەيلى بىز خۇدانىڭ يامانلىقنى كېيىنرەك جازالايدىغانلىقىنى بىلگەن بولساقمۇ) يامانلىق قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ياۋا ئېشەك (39:5ـ8)

روشەنكى، خۇدا ئۆزى ياراتقان بۇ ياۋا ھايۋاننىڭ ئەركىنلىكىدىن ئالاھىدە ھۇزۇر ئالىدۇ. بۇ چىرايلىق ھايۋاننىڭ ياۋايى تەبىئىتىنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ پىلانىنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ ھايۋاندىن ساۋاق ئېلىپ، خۇدانىڭ ئۆزلىرىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇشقا توغرا كەلمەمدۇ؟

ئېلىخۇ (37ـباب، 13ـئايەتتە) كۆرسەتكەندەك، ئەگەر دۇنيادىكى بەزى نەرسىلەر ياكى شەيئىلەر پەقەت خۇدانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولغان بولسا، ئەمدى ئىنسان: «ماڭا پايدىلىق ئەمەس»، «ماڭا ياردەم بېرەلمەيدۇ» ۋە ياكى «ماڭا قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ بۇلاردىن ئاغرىنسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## ياۋا كالا (39:9ـ12)

ئىنسان پەقەت كۆندۈرەلمەيدىغان بۇ يوغان ھايۋان نېمە مەقسەتتە يارىتىلغاندۇ؟ ئۇ «تەبىئەتنىڭ تەكىۈڭلۈقى»نىڭ بىر قىسمى بولغاندىن سىرت، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىزگە خۇدانىڭ پىلانلىرىنىڭ بىر بۆلىكىنىڭ ئادەمزاتنىڭ ھۆكۈمىدىن ۋە كونترول دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئەگەر خۇدانىڭ پىلانىنىڭ ھەممىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ ۋە ياكى چۈشىنىشىم كېرەك دەپ ئويلىسا بۇ نادانلىق بولىدۇ.

## تۆگىقۇش (39:13ـ18)

خۇدانىڭ تۆگىقۇشتا نېمە مۇددىئاسى باردۇ؟ ئۇنىڭ قاناتلىرى خۇشاللىقتا قېقىلىدۇ، بىراق ئۇچۇشقا ھېچ يارىمايدۇ. خۇدا بۇ جانىۋارنى ئەقىلدە ھەم باللىرىغا كۆيۈمدە كەم قىلغان ئوخشايدۇ. ئەگەر دۇنيا ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پىكرىچە بولغان بولسا، ئىنسان مۇنداق غەلىتە ھەم كۈلكىلىك بىر قۇش دۇنياغا ماس كەلمەيدۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى؛ بىراق خۇدا تۆگىقۇشنى يارىتىشنى لايىق كۆرگەن. خۇدادا يۇمۇرىستىك ھېسسىيات بارمۇ قانداق؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىگە غەلىتە، ھەتتا

كۆلكىلىك تۇيۇلىدىغان باشقا ئىشلارنى ياكى ۋەقەلەرنى قوبۇل قىلىپ، خۇدانىڭ ئۆزىگە بولغان كۆيۈنۈشىدىن خاتىرجەم يۈرسە ئەڭ ئاقىلانىلىك ھېسابلانمامدۇ؟

## ئات (39:19-25)

ئاتنى ئادەم كۆندۈرەلىگىنى بىلەن، مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ ھەيۋىسى، ھەرىكەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى ھەم قورقماسلىقى تەكىتلىنىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا ئات بولسا ئۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ جەڭدىن قورقماسلىقى ئادەملەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئات بىزگە خۇدانىڭ خاراكتېرىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرسىتەمدۇ-يوق؟ بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا خۇدانىمۇ كۆندۈرۈشنى ئويلاۋاتامدۇق ياكى ئۇنىڭ بىزنىڭ كونتروللىقىمىز ئاستىدا بولۇشىنى خالايمىزمۇ؟

## سار (39:26)

سارنىڭ پەسىللىك كۆچۈشى، باشقا قۇشلارنىڭ پەسىللىك كۆچۈشلىرىگە ئوخشاش بۈگۈنگە قەدەر سىر بولۇپ كەلمەكتە. قىشنى ئۆتكۈزىدىغان يەرنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان بىر چۈجە قانداق قىلىپ ئۇ يەرگە يول تېپىپ يالغۇز ماڭالىسۇن؟ ئاندىن ئەتىيازدا ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتىغا قايتالىسۇن؟ ئۇنىڭ ھەيران قالارلىق ھېچ خاتاسىز يول تاپالايدىغان تۇغما تەبىئىتى بىزنى خۇدانىڭ بىزگە نېمە قىلىۋاتقىنىنى مۇكەممەل بىلىدىغانلىقى، ئىشلىرىمىزنى ھېچ خاتاسىز ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا قايىل قىلارلىق بىشارەت بېرىپ تۇرىدۇ.

## بۈركۈت (39:27-30)

بۈركۈت چاڭگىسىنى خىلۋەت جايلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئايىغى يېتەلمەيدىغان جايلاردا تىزىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى ھەردائىم ئادەملەرنىڭ پىلانلىرىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ، لېكىن خۇدانىڭ پىلانى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئادەملەرنىڭكىدىن زىيادە ئۆتكۈر؛ ئۇ ئاسماندا 200

مېتر ئېگىزلىكتە پەرۋاز قىلىپ يەر ئۈستىدە ئۆمىلەۋاتقان بىر قوڭغۇزنى كۆرەلەيدۇ. بۈركۈتنى ياراتقان خۇدامۇ ئىشلىرىمىزنى ئېنىق كۆرمەمدۇ؟

ئوتتۇرا شەرقتە هايۋانلار ئۆلگەن هامان بۈركۈتلەر هەم قورۇلتازلار دەرهال ئەگىپ پەرۋاز قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېگەنلىكى ئىنسانغا يىرگىنچلىك بولغىنى بىلەن، بۇ بەرىبىر خۇدا بېكىتكەن بىر ئىش، چىرىپ كەتكەن ئۆلۈكنىڭ مۇهىتنى يۇقۇملۇق كېسەللەر بىلەن بۇلغىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بىز بۈركۈت ياكى قورۇلتازنىڭ تاپ يېگەن مەنزىرىدىن كۆزىمىزنى تارتساقمۇ، بىراق تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس قىسمى بولغان بەزى يېقىمسىز ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق بولمايدۇ؛ بەلكى بۈركۈت ياكى قورۇلتازلاردىمۇ هەمدە بۇ يېقىمسىز ئىشلىرىمىزدىمۇ خۇدانىڭ ياخشى مۇددىئالىرى بار دەپ ئىشىنىشىمىز كېرەك.

## بېگېموت (40-باب)

بىر ئىزاھاتلاردا چۈشەندۈرگىنىمىزدەك، ئىبرانىي تىلىدىكى «بېگېموت» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى «بېگېموت»نى كۆرسىتىشكە (ئىككى سۆز ئوخشاش يىلتىزلىق بولغىنى هەم بەزى ئالىملار شۇنداق قارىغىنى بىلەن) ئىشەنمەيمىز. ئۇنىڭ مەزكۇر كىتابتىكى تەسۋىرگە قارىغاندا، ئۇ چوقۇم يوغان، خۇدانىڭ جانىۋارلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى («بېشى») بولسا كېرەك؛ بۇ هايۋان ئادەمدىن، هايۋاندىن، تەبىئىي بالايىئاپەتتىنمۇ قورقمايدۇ؛ شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنتايىن رايىش هەم زىيانسىز بولسا كېرەك؛ باشقا هايۋانلار، هەتتا كىچىك باللارمۇ هېچ قورقماي ئۇنىڭغا يېقىن ئوينىيالايدۇ. «بېگېموت»نىڭ يوغانلىقى بىر تەرەپتىن خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ قورقىماسلىقى شۇنچە دەهشەتلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ مۇلايىم تەبىئىتى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. كىچىك باللار بېگېموت ئالدىدا قورقمايدىغان هەلەتتە بولغاندەك، ئۇلار خۇدانىڭ ئالدىدا قورقماي ئۇنىمۇ ئېهتىمال چوڭ ئادەملەردىن ياخشىراق تونىيالايدۇ؛ ئىنجىلدا مەسىھ ئەيسانىڭ: «سىلەر تۇۋا قىلىپ كىچىك باللارغا ئوخشاش كەمتەر بولمىساڭلار، خۇدانىڭ سەلتەنىتىگە هەرگىز كىرەلمەيسىلەر» دېگىنى خاتىرىلەنگەن («ماتتا» 3:18).

پىكرىمىزچە «بىگېموت» ئايۇپنىڭ دەۋرلىرىدە نەسلى تېخى قۇرۇپ كەتمىگەن بىر خىل دىنوزاۋر (مەسىلەن، «برونتوزاۋر») بولسا كېرەك.

## لېۋىئاتان (41-باب)

ئەمدى لېۋىئاتاننى نېمە دەيمىز؟ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرى تىلغا ئېلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى بەلكىم ئۇنىڭ خۇدانىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئەشەددىي بولغانلىقىدىندۇر. ئىزاھاتلاردا دېگىنىمىزدەك، بەزى ئالىملار ئۇنى تىمساھ ۋە ياكى بۈرۈن مىسىردا ياشىغان، 15 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېلىدىغان، نەسلى قۇرۇغان «يوغان تىمساھ» دەپ قارايدۇ. بىراق بىز مۇنداق قارىمايمىز. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوت چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئاستىنىڭ «ساۋۇتلۇق» ئىكەنلىكى، «ئورنىدىن قوزغىلالايدىغانلىقى» ھەم دېڭىزدا (دەريادا ئەمەس) ياشايدىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تىمساھقا ماس كەلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئايۇپنىڭ بۇ ھايۋاندىن خەۋىرى بار ئىدى ۋە بەلكىم ئۇنى كۆرگەنىدى. دېڭىز توغرۇلۇق كونا ھېكايىلەر مۇنداق ئەجدىھادەك مەخلۇقلارنى تىلغا ئالىدۇ، بىراق بىلىشىمىزچە ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈنۈپ باقمىغان. يېقىندىن بېرى (مەسىلەن 1966-يىلى) ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بەزى زور يوغان مەخلۇقلار دېڭىز چوڭقۇرلۇقلىرىدىن چىققان — بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىمۇ لېۋىئاتانغا ئوخشاشمايدۇ. تەۋراتتىكى «يەشايا پەيغەمبەر» دېگەن قىسمىدا (27-باباتا): —

«شۇ كۈنىدە (قىيامەت كۈنىدە) پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك، بۈيۈك ۋە كۈچلۈك شەمشىرى بىلەن ئۈچقۇر يىلان لېۋىئاتاننى،
يەنى تولغانغۇچى يىلان لېۋىئاتاننى جازالايدۇ؛
ئۇ يەنە دېڭىزدا تۇرغان ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ» دېيىلىدۇ.

«جازالاش» دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، ئاشۇ چاغدا ناتوغرا بىرخىل روھىي كۈچنىڭ لېۋىئاتاننىڭ كەينىدە تۇرۇشى بىلەن، لېۋىئاتان رەزىللىكنىڭ بىر ۋەكىلى بولۇپ چىقىدۇ؛ مەسىھ دۇنياغا قايتىپ چۈشۈشى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ، دەپ چۈشىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن لېۋىئاتان ئاز دېگەندە بىر قېتىم يەنە دۇنيادا پەيدا بولىدۇ.

«ئايۇپ»تا بولسا لېۋىئاتان پەقەتلا خۇدا ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالىدىغان، ئۆزىنىڭ مەخلۇقلىرىدىن بىرىنىڭ سۈپىتىدىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتى ھەم كۆركەم

ھەم ئەشەددىيدۇر. ئۇنىڭ ساۋۇتىغا قىل سىغمايدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھايۋان تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئادەمنىڭ ئۇنى (ئەگەر تاپالىغان بولسا) كونترول قىلىش ئامالى يوق. ئۇ خۇدانىڭ كۈچى ھەم ھەيۋىتىگە ھەقىقىي بىر ۋەكىلدۇر. ئىنسان «خۇدانىڭ سۈرىتىگە ئاساسەن» يارىتىلغان دېيىلسىمۇ، (تەۋرات، «يارىتىلىش» 1-بابنى كۆرۈڭ) لېكىن ئىنسان تەكەببۇرلۇق قىلىپ خۇدانى «ئۆز سۈرىتى»گە ئوخشىتىپ، باشقىلارنى كونترول قىلىپ، قولغا كەلتۈرەلەيمەن دېگەندەك «خۇدانى گېپىمگە كۆندۈرەلەيمەن» دېگەندەك خام خىياللاردا بولۇشىغا قەتئىي بولمايدۇ. ئايۇپ 28-بابتا دېگەندەك «مانا، رەبنىڭ قورقۇش دانالىقتۇر؛ يامانلىقتىن يىراقلىشىش يورۇتۇلۇشتۇر». ئىنسان بالىسى خۇدادا بىلەن مۇناسىۋەتتە بولماقچى بولسا، مانا بۇ باشلىنىش — خۇدادىن قورقىدىغان ھايا ھەم ئۆگىنىشكە تەييار بولغان كەمتەر پوزىتسىيىدۇر.

«ئۇنىڭ جېنىغا تېگىشكە پېتىنالايدىغان ھېچكىم يوقتۇر؛
ئۇنداقتا مېنىڭ ئالدىمدا تۇرماقچى بولغان كىمدۇر؟» (10-ئايەت).

## خۇلاسە

پەرۋەردىگار ئايۇپقا بەرگەن جاۋابىدا، ئايۇپنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ چەكسىزلىكىگە، بۇ مۆرەككەپ ئالەمدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، كىشىلەر ئويلاپ يېتەلمەيدىغان سان-ساناقسىز ھادىسىلەرگە، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان مۆجىزىلەرگە يۈزلەندۈردى. ئادەمنى كىچىك پېئىللىققا دەۋەت قىلىدىغان، جاۋابى بىرلا بولغان ھەرخىل كىنىيىلىك، ئەمما ساۋاق بولىدىغان سوئاللار ئۇنىڭغا بېرىلدى. ئۇنىڭغا ئىنساننىڭ ئالەمنى تىزگىنلىيەلەيدىغان شەخس بولماستىن، بەلكى مەخلۇقاتنىڭ بىر قىسمى، بىپايان ئالەمنىڭ بىر ھۆججەيرىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى؛ شۇنداقلا، خۇدانىڭ پىلانىغا ۋە بۇلارنى بەجا كەلتۈرۈش تەرەپلىرىگە ئىنساننىڭ كۆزى يەتمەيدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. ئايۇپ ئۆز بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلىرىگە بەند قىلىنغان بولۇپ، پۈتكۈل دۇنيادىمۇ ئوخشاش يېشىلمەس مەسىلىلەرنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلتۈرۈلدى. چوڭ تەبىئەتنىڭ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان يەرلىرى بولغانىكەن، ئۇنداقتا خۇدانىڭ ئادەملەردىن خەۋەر ئېلىشىغا نىسبەتەن ئىنسانلارنىڭ

كۆزى يەتمەيدىغان، چۈشىنىپ يەتمەيدىغان يەرلىرى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئايۇپ خۇدانىڭ بۇ دۇنيانى بىنا قىلىپ، ئاندىن تاشلاپ كېتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاسمان-زېمىننى ئۆز ھۇزۇرىنىڭ شان-شەرىپى بىلەن تولدۇرۇش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.

ئاخىردا بىزگە ئايۇپ «ئۆز-ئۆزىدىن نەپرەتلىنىپ توۋا قىلدى» دەپ ئېيتىلىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ خۇدانى كۆرۈشىنىڭ نەتىجىسى دەل مۇشۇنداق بولىدۇ. خۇدانىڭ ئۆزىنى شان-شەرەپ ئىچىدە كۆرۈشىنىڭ ئۆزى ھەربىر سوئالغا جاۋابتۇر؛ مۇنداق كۆرۈش مەسىھ ئەيسانىڭ ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن «مۇبارەك، قەلبى پاك بولغانلار! چۈنكى ئۇلار خۇدانى كۆرىدۇ» دېگەن ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ھەربىر كىشىنىڭ ئۈمىدى بولۇشى كېرەك. خۇدانىڭ ئىنساننى يارىتىشتىكى مەقسىتى بىز ئىنسانلارنىڭ جەننەتنىڭ رەھەت-پاراغىتىنى نىشان قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۈمىد ۋە نىشان قىلىشىمىز ئۈچۈندۇر.

شۈبھىسىزكى، خۇدا ئۆزىنى سۆيگەن ئىنسانلارغا كۆپ بەخت-سائادەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ياردەم قىلىدۇ. لېكىن «ئايۇپ» دېگەن كىتاب شۇنىڭغا چوڭ ئىسپات بېرىدۇكى — ئايۇپتەك بىر ئىنسان خۇدا ئۆزىگە مەيلى ئىلتىپات-ئىنئاملارنى يەتكۈزسۇن-يەتكۈزمىسۇن، جەننەتتە بولسۇن، دوزاختا بولسۇن، خۇدانىڭ ئۇلۇغ ھېسسىياتلىرى، مېھىر-شەپقەتلىرى، ساداقەت-سەممىيلىكى ۋە چەكسىز مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا سادىق بولۇش، ئۇنى سۆيۈش، قەدىرلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر مۇھەببەت شەرت-مەقسەت ئىچىدە مەۋجۇت بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ساپ، تولۇق مۇھەببەت بولمايدۇ.

ئايۇپنىڭ خۇدانىڭ مېھرىبانلىقىغا بولغان ئېتىقادى دەھشەتلىك بىر «مەھرۇم بولۇش» سىنىقىدىن ئۆتۈپلا قالماي، ئۇنىڭ خۇداغا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ ئاشىدۇ. شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئېتىقادىدا خۇدادىن باشقا ھېچقانداق بىر تايانچ يوق ئىدى. ئۇ «ئىسرائىللىق» ئەمەس (ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسرائىل تېخى مەۋجۇت ئەمەس)، شۇڭا ئۇنىڭ ئىبراھىم ئارقىلىق مۇسا ھەم باشقا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىسرائىلغا بېرىلگەن ۋەھىيلەردىن خەۋىرى يوق ئىدى؛

ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېچقانداق «جامائەت» يوق ئىدى؛ ئۇ تاۋاپ قىلىدىغان ھېچ ئىبادەتخانا ياكى «مۇقەددەس جاي» يوق ئىدى؛ ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان ھېچقانداق «دىنىي ئويۇشما» يوق ئىدى؛ ئۇ كەلگۈسىدىكى تىرىلىشنى، كېيىنكى سوراق كۈنىنى ئېنىق بىلگىنى يوق؛ ئۇنى قوللايدىغان ھېچقانداق ئەنئەنە يوق ئىدى؛ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئېتىقادىنىڭ كۈتكىنىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى بولغانىدى؛ ئۇنىڭدىمۇ ئىنجىلدا ئىنسانغا مۇيەسسەر قىلىنغان زور كۈچلۈك ۋەدىلەردىن ھېچقايسىسى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شۇنچە زور ئېتىقادقا قانداق كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋىرىمىز يوق؛ بىز پەقەتلا خۇدانىڭ ئۇنىڭغا مەلۇم ۋەھيىلەرنى بەرگەنلىكى، ئۇنىڭغا مەلۇم بولغان بىرنەچچە سۆزنى ئاتا قىلغانلىقىنى بىلىمىز (10:6، 12:23). ئىنجىلدا مەسىھ ئەيسانىڭ: ــ «شۇڭا ... ھەقىقەتنى كۆرۈپ قويۇپ ئاتلاڭلار. چۈنكى كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ؛ ئەمما كىمدە يوق بولسا، ھەتتا ئۇنىڭدا بار بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ» ــ دېگەن ۋەدە خاتىرىلەنگەن. ئايۇپ بۇ سۆزنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالىدۇر. ئۇ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا ئاشكارىلىغان ھەممە قىممەتلىك ۋەھىلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، ئۇلارنى چىڭ تۇتۇپ ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ئىشىنىشكە سادىق ئىدى ــ شۇڭا ئۇ تېخىمۇ كۆپ ۋەھيىلەرگە ئىگە بولغان. ئايۇپ ھەربىر دەۋرگە ئۈلگە بولالايدۇ، شۇنداقلا ئۈلگىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ سىرىنى تونۇشتۇرغۇچىدۇر. ئۇ ئۆزىدىن كۆپ يىل كېيىن ئۆزىدىن ئۇلۇغ بىرسى، يەنى مەسىھ ئەيسانىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان يوللاردا ئازاب-ئوقۇبەت تارتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ئاجايىب ئوخشاشلىقلار بار: ــ

(I) ئايۇپنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا ۋىجدانى پاكلانغان ھالدا تۇرۇپ ھەققانىي دەپ ھېسابلانغان.

مەسىھ ئەيسا بولسا ھېچقانداق گۇناھ قىلىپ باقمىغان، مۇكەممەل ھەققانىي بىر ئىنساندۇر.

(II) ئايۇپ ئىزدەپ يۈرگەن ھەققانىيلىق بولسا ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ھەققانىيلىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئۆي-پىكرىدىكى، قەلبىدىكى، ۋىجدانىدىكى بىرخىل ھەققانىيلىقتۇر.

مەسىھ ئەيسا بولسا دەل مۇشۇ ھەققانىيلىق، يەنى خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان بىردىنبىر ھەققانىيلىق توغرىسىدا تەلىم بېرەتتى ھەم ئاشۇنداق قىلاتتى.

(III) گەرچە ئايۇپ شۇنداق تەربىيە ئۆزىگە چۈشۈرۈلگۈدەك يامان ئىشنى قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، تۈيۈقسىز ھەم سەۋەبسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن.

مەسىھ ئەيسا ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىلىرىنى يارىتىشتىن، ئەڭ ئالىيجاناب تەلىم بېرىشتىن تۈيۈقسىز ئېلىپ كېتىلىپ، بىر كرېستكە مىخلاندى. ئۇ ھېچقانداق گۇناھ قىلمىغانىدى. ئەكسىچە ئۇ ئىنسانلارغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئازاب-ئوقۇبىتىنى ئەتراپتىكىلەردىن ھېچكىم چۈشەنمىدى.

(IV) ئايۇپ ئۇۋال قىلىنىپ، نۇرغۇن گۇناھلارنى قىلغانسەن دەپ خاتا ئەيىبلەنگەن.

مەسىھ ئەيسامۇ قاتتىق ئۇۋال قىلىنىپ، نۇرغۇن گۇناھلارنى، جۈملىدىن كۇپۇرلۇقنى قىلغانسەن دەپ ئەيىبلەندى.

(V) ئايۇپ ئۆز ئاكا-ئۇكىلىرى، دوست-قېرىنداشلىرى ھەم يۇرتدىكىلەر تەرىپىدىن «ھازىر ئۇتتۇقلۇق ئادەم ئەمەس» دەپ چەتكە قېقىلغان.

مەسىھ ئەيسا ئۇكىلىرى، ئىلگىرىكى دوست-قېرىنداشلىرى ھەم يۇرتدىكىلەر ئويلىغىنىدەك «ئۇتتۇق»قا ئېرىشمىگىنى ئۈچۈن چەتكە قېقىلغان.

(VI) ئايۇپ خۇدا تەرىپىدىن لەنەت قىلىنىپ ئۇرۇلغان، دەپ مازاق قىلىنغان.

مەسىھ ئەيسا كرېستكە مىخلىنىپ ئۇخشاش سەۋەبتە مازاق قىلىنغان - «سەن قۇتقۇزغۇچى بولساڭ، قېنى ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇپ باقمامسەن؟» دەپ مازاق قىلىنغان.

(VII) ئايۇپ ئۆزىنى خۇدا تەرىپىدىن تاشلىنىپ چەتكە قېقىلغان دەپ ھېس قىلاتتى (بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇنداق ئەمەس). بۇ ئۇ تارتقان ئازابلىرىدىن ئەڭ قىينالغان ئىش ئىدى.

مەسىھ ئەيسا بولسا ھەقىقەتەن ئەرشتىكى ئاتىسى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان — ئۆزىنىڭ ھېچقانداق سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ بىزگە تېگىشلىك بولغان جازاسىنى ئۆزى تارتقانلىقىدىندۇر. ئۇنىڭ

كرىستتىكى ئازابلىرى دەرۋەقە ساناقسىز ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەرشتىكى ئاتىسى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشى ئەڭ دەھشەتلىك ئازاب ئىدى.

(VIII) ئايۇپ ئازابلىرىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەسلىدىكى مەرتىۋىسىدىن تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

مەسىھ ئەيسا ئۆزى ئىنسان سۈپىتىدە دەپنە قىلىنغان قەبرىسىدىن تىرىلدۈرۈلۈپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، خۇدانىڭ ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇلدى ھەم تېخىمۇ ئۇلۇغلاندى.

(IX) ئايۇپنىڭ ئۆزى بىرخىل «قۇتقۇزغۇچى» بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ دۇئالىرى ئارقىلىق ئۈچ دوستى خۇدانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلغان.

مەسىھ ئەيسا بولسا ھەقىقىي قۇتقۇزغۇچىدۇر ــ ئۇ ئايۇپ ئۆزى بېشارەت قىلغان كېلىشتۈرگۈچى ھەم قۇتقۇزغۇچى. ئۇنىڭ دۇئالىرى ھەم ۋاستىسى بىلەن، خۇداغا يېقىنلاشماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ.

(X) ئايۇپ يېڭى بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولغان.

مەسىھ ئەيسا ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن يېڭى بىر ئائىلىنىڭ، يەنى ئۆزىگە ئىشىنىپ تايانغان، ئۆزىنىڭ خەلقى بولغان مۆمىن بەندىلىرىدىن تەركىب تاپقان جامائەتنىڭ بېشىدۇر.

بىز ئايۇپنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇ تونۇغان ھەم ھازىر تونۇيدىغان خۇداسىنى تونۇشىمىز لازىم! شۇنداق قىلغان چېغىمىزدىلا بىز ئۇ بېشارەت بەرگەن قۇتقۇزغۇچىنىڭ دۇئالىرى ھەم كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئاخىرەتتە ھەم ئۇنىڭ بىلەن ھەم بارلىق پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە، خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا بولىمىز!

ئامىن!

# تەۋرات 19-قىسىم

# «زەبۇر»

## (تەۋرات قىسىملىرى بويىچە ھېسابلىغاندا 19-قىسىم)

## كىرىش سۆز

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر قولۇڭلاردىكى ئۇشبۇ كىتاب «زەبۇر»نىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى نامى «مىزمور»، يەنى «مەدھىيىلەر»دۇر. بىز كىتابنى شۇنداق ئاتىساقمۇ بولىدۇ. زەبۇرنى پەيغەمبەر داۋۇت پادىشاھ يازغان، دەپ قارالماقتا. ئەمەلىيەتتە، توغرىسىنى ئېيتساق، «زەبۇر»نىڭ باشلىنىش قىسمى داۋۇت پەيغەمبەر تەرىپىدىن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 يىل ئەتراپىدا) يېزىلغان. «زەبۇر»نىڭ 150 كۈيى ئىچىدىكى ماۋزۇلاردىن قارىغاندا، 73 كۈي داۋۇت تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. «تەۋرات»نىڭ تارىخىي قىسىملىرىدا كۆرسىتىلىشى بويىچە، داۋۇت پەيغەمبەر ئىسرائىلنىڭ ھاكىملىرى ئارىسىدا بىرىنچى بولۇپ خەلقنىڭ «مۇقەددەس چېدىر»دىكى ئىبادىتىگە ياردەمچى ھەم تەڭكەشچى بولسۇن دەپ، بىرنەچچە خور ھەم ساز ئۆمەكلىرىنى تەشكىللىگەن. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مۇشۇ خور ئۆمەكلىرى سۇلايمان پادىشاھ قۇرغان مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىمۇ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. بىز ھەزرىتى داۋۇتنى ئۆزى ھەم باشقىلار يازغان ئىبادەت شېئىر-ناخشىلىرىدىن «ئىبادەتخانىدىكى ئىبادەت قىلغۇچىلار، خورچىلار، سازچىلار ھەم ئايرىم ئىبادەت قىلىدىغانلارنى مۇشۇلاردىن پايدىلانسۇن» دېگەن مەقسەتتە بولۇپ، توپلاشقا باشلىغان دېسەك، ئېھتىمالغا يېقىن بولسا كېرەك.

شۇڭا «زەبۇر»دىكى سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىنساننىڭ خۇداغا ئېيتقان سۆزلىرى، ئەلۋەتتە. ئىشىنىمىزكى، خۇدا مۇشۇ سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ، بۇ دۇئالارنى ئىجابەت قىلغان، ئۇلارنى قوبۇل قىلغان؛ شۇنىڭدەك ئۇ ئۆز مۇقەددەس روھىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن ئىپادىلىنىگەن بۇ دۇئا-مەدھىيىلەرنى بىزنىڭ مەڭگۈلۈك مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن خاتىرىلەتكۈزگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ھەربىر مۆمىن بەندە ئۈچۈن تولىمۇ نۇپۇزلۇق، تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. بۇ نۇقتىنى تەۋراتتىكى كېيىنكى پەيغەمبەرلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ؛ يەشايا، يەرەمىيا، دانىيال، زەكەرىيا قاتارلىق پەيغەمبەرلەر «زەبۇر»دىكى سۆزلەرنى تىلغا ئېلىپ، ئۆز بېشارەتلىرى ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. ئىنجىلغا كەلسەك، ئەيسا مەسىھ ھەم ئۇنىڭ روسۇللىرى زەبۇردىكى سۆزلەرنى كۆپ قېتىم نەقىل كەلتۈرىدۇ.

زەبۇر پەقەت ئىنسان خۇداغا ئېيتقان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالمايدۇ؛ ئوقۇرمەنلەر كۆرىدۇكى، داۋۇت قاتارلىق بۇ ئىخلاسمەنلەرنىڭ دۇئالىرى ئوتتۇرىسىدا خۇدا ئۆزى ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ ۋەھيي بېرىدۇ ياكى ئۇلار ئارقىلىق باشقىلارغا بېشارەت قىلىدۇ. زەبۇردا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتىلىپ مەلۇم ھەقىقەتلەرنى ئېلان قىلغان بايانلار بار (ئالايلۇق، 1-كۈي، 11-كۈي)؛ خۇدانىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئەمر-يوليورۇقلىرى بار (مەسىلەن، 37-كۈي). خۇدانىڭ مېھرىبانلىقى، كەچۈرۈم قىلغانلىقى، قۇتقۇزغانلىقى ھەم مۇھەببەتلىك تەبىئىتى توغرۇلۇق كۆپ گۇۋاھلار بار (مەسىلەن، 23-، 32-، 33-، 34-كۈي)؛ بىۋاستە بېرىلگەن ۋەھيي (مەسىلەن، 2-، 18-، 22-، 69-كۈي)؛ پادىشاھنىڭ تويى ئۈچۈن بىر دۇئا (45-كۈي)؛ كەچۈرۈم-مەغپىرەت تىلەيدىغان (مەسىلەن، 38-، 53-كۈي)، مەددەت تىلەيدىغان (مەسىلەن، 3-، 4-، 5-كۈي)، تۈتۈق ھالدا ئېيتىلغان (77-كۈي)، غېرىبلىق-يالغۇزلۇقتا ئېيتىلغان (88-كۈي)، باش قايمۇقتۇرۇلغان ھالدا ئېيتىلغان (60-كۈي)، خۇشاللىقتىن ئىچىگە پاتمىغان ھالدا ئېيتىلغان (20-، 33-، 96-كۈي) دۇئالارمۇ بار. ئوقۇرمەنلەردىن خۇدادىن ئەيمىنىپ ئۇنى ئىزدىگەنلەرنىڭ قەلبىدە نېمىگە ھاجەتمەن بولسا،ئۇلاردىكى دەرد-ئەلەملەر ياكى خۇشاللىقنىڭ زەبۇردىكى سۆزلەردە ئەكس ئەتكەنلىكىنى ياكى ئىپادىلەنگەنلىكىنى بايقىيالايدۇ.

يۇقىرىدا زەبۇردىكى ۋەھيلىك مەزمۇننى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭدىكى كۆپ بېشارەتلەر خۇدانىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمغا: «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى

بارلىق ئەل-يۇرتلار بەخت تاپىدۇ» («يار.» 12-باب) دېگەن ۋەدىسى بويىچە، ئۆز شەپقىتىنىڭ ئىسرائىل خەلقى ئارقىلىق بارلىق ئىنسانغا يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ «بارلىق ئەل-يۇرتلار»غا بولغان بەختىنىڭ «بۈيۈك داۋۇتنىڭ تېخىمۇ بۈيۈك ئوغلى» بولغان قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئارقىلىق، يەنى ئۇنىڭ ئۆمرى، ئۆلۈمى، تىرىلىپ خۇدانىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە ئولتۇرۇشقا كۆتۈرۈلىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا قايتا كېلىدىغانلىقى كۆپ قېتىم بېشارەت قىلىنىدۇ؛ بولۇپمۇ 16-، 18-، 22-، 24-، 40-، 45-، 69-، 72-، 80-، 89-، 95-، 96-، 98-، 100-، 110-، 112- («مۇكەممەل ئادەم» توغرۇلۇق)، 118-، 132-، 146-، 148-، ھەم 150-كۈي ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ؛ يەنە باشقا كۈيلەر ئارقىلىقمۇ ۋاستىلىك كۆرسىتىلىدۇ.

ھەزرىتى داۋۇتتىن باشقا، زەبۇردىكى يازغۇچىلار ئۆز ئىسىملىرىنى بىزگە ئېيتىدۇ؛ مۇسانىڭ بىر كۈيى بار (90-كۈي)؛ ھەزرىتى سۇلايماننىڭ ئىككىسى بار (72-، 127-كۈي). ھەزرىتى ئاسافنىڭ ئون ئىككىسى، ئەزرالىق ھەزرىتى ھېماننىڭ بىرى، ئەزرالىق ھەزرىتى ئېتاننىڭ بىرى، ھەم ئىسمى نامەلۇم «كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان» ئون ئىككىسى بار. ئاخىرقىدىكىلەر، شۈبھىسىزكى، ئىبادەتخانىدىكى كوراھنىڭ ئوغۇللىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر خور ئۆمىكىنىڭ ئېيتىشى ئۈچۈن يېزىلغان (تەۋرات، «2تار.» 9-بابنى كۆرۈڭ). قالغان كۈيلەرنىڭ بېشىدا قويۇلغان ئىسىملار يوق؛ شۈبھىسىزكى، بەزىلىرى داۋۇتنىڭ ئەسەرلىرى، بەزىلىرى ئەمەس؛ ئېنىق تۇرۇپتۇكى، بەزىلىرى ئىسرائىل خەلقى بابىلدا خۇدانىڭ جازاسى بولغان ئەسىرلىكتىن (سۈرگۈن بولۇشتىن) ئازاد بولغاندىن كېيىن يېزىلغان. دېمەك، ھەزرىتى داۋۇتتىن 400 نەچچە يىل كېيىن يېزىلغان.

«زەبۇر» ھەرقانداق ۋاقىت، پەيت، ئەھۋال ھەم ھەرخىل ئادەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 150 ئىبادەت، تەشەككۈر ئېيتىش، مەدھىيە ھەم دۇئالار توپلىمىسىدۇر. بۇلار يەنە بەش «بۆلەك»كە، يەنى 1-41، 42-72، 73-89، 90-106، 107-150-كۈيلەرگە بۆلۈنگەن. ئالىملارنىڭ پىكرىچە، بۇ بەش بۆلۈم خىلمۇخىل ۋاقىت ھەم يەرلەردە توپلانغان، ئاخىردا خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە نامەلۇم بىر قول ئاستىدا (ئامانىنساخان 12 مۇقامنى توپلىغاندەك) بىر تومغا يىغىلغان.

«زەبۇر» ئەسلىدە ئىبرانىي تىلىدىكى «زامار» دېگەن سۆز بولۇپ، ئەرەب تىلى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن. «زامار» ــ «نەغمە-ناۋا ئېيتىش»، يەنى «ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىش» دېگەن مەنىدە. شۇڭا «زەبۇر»دىكى ھەربىر كۈي ئۆزىگە خاس مۇزىكا بىلەن يېزىلغان. ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ تىگىگە يېتىپ بولمايدىغان ئىرادىسى بويىچە بۇ ئەسلىي مۇزىكا يوقاپ كەتتى؛ لېكىن شۇنىڭغا مىڭ شۈكرىكى، شېئىرلارنىڭ بىزگە زۆرۈر بولغان، ئادەمنى ئىلھاملاندۇرىدىغان سۆزلىرى بىزگە قالدى. «زەبۇر» مەيلى قايسى تىلغا تەرجىمە قىلىنسۇن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەت ئارىسىدىكى خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى بۇ تەرجىمە سۆزلىرىنى ئۆزىگە خاس بولغان شېئىرىي شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس بولغان مۇزىكىغا تەڭشىيەلەيدۇ، شۇڭلاشقا ھەرقايسى مىللەتلەر «زەبۇر»نى «ئۆزىنىڭ» قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئىنگلىزچىدە بولسا ھەربىر كۈينىڭ «ئاھاڭلىق نۇسخا»سى بار، بەزىلەرنىڭ ئوندىن ئارتۇق نۇسخىسى بار.

«زەبۇر» ئىبرانىي تىلىنىڭ «شېئىر شەكلى» ياكى «چاچما شېئىر شەكلى»دە يېزىلغان. بۇ تەرجىمىمىزدە بىز «مەنىنىڭ توغرىلىقى»نى بىرىنچى ئورۇنغا قويدۇق، «شېئىرىي شەكلىدە ئىپلىش»نى نىشان قىلمىدۇق، شۇنداق ئىپادىلەشكە قەلىمىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا كەلگۈسىدە شېئىرىي جەھەتتىن بىزدىن تالانتلىق ئادەم مۇشۇنداق ئىشقا ئۆزىنى ئاتىسۇن.

شۇنداق دېگىنىمىز بىلەن، لېكىن بىز ئىبرانىي تىلىدىكى «شېئىرىيەت شەكلى»نى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاشقا تىرىشتۇق. باشقا كىتابتا دېگىنىمىزدەك، ئىبرانىي شېئىرىيىتىدە مىسرالار بەزىدە «پاراللېل»، بەزىدە ئۈچ مىسرالىق يېزىلىدۇ. بىر كۇپلېتتىكى ھەربىر مىسرانىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى سېلىشتۇرما بولىدىغان تېمىسى بار. مەسىلەن: ــ

«ئۇ بىزگە گۇناھلىرىمىزغا قارىتا مۇئامىلىدە بولغان ئەمەس،
بىزگە قەبىھلىكلىرىمىزگە قارىتا تېگىشلىكىنى ياندۇرغان ئەمەس»
(10:103)

بەزى ۋاقىتلاردا ئىككىنچى مىسرا بىرىنچى مىسرانىڭ مەنىسىنى كېڭەيتىدۇ ياكى تەكىتلەيدۇ: ــ

«پەرۋەردىگار ئۆزىگە نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە يېقىندۇر،
ئۆزىگە ھەقىقەتتە نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە يېقىندۇر»
(18:145)

يەنە بەزىدە ئىككىنچى مىسرا بىرىنچى مىسرانىڭ مەنىسىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ: ــ

«مېنىڭ جېنىم ساڭا چىڭ چاپلىشىپ ماڭىدۇ،
سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ مېنى يۆلىمەكتە» (8:63)

بەزى ۋاقىتتا ئايەت ئۈچ مىسرالىق بولىدۇ: ــ

«چۈنكى مانا دۈشمەنلىرىڭ، ئى پەرۋەردىگار،
مانا دۈشمەنلىرىڭ يوقىلىدۇ؛
بارلىق قەبىھلىك قىلغۇچىلار تىرىپىرەن قىلىۋېتىلىدۇ!» (9:92)

دۇنيانىڭ بەختىگە يارىشا، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىنلىك ياكى قاپىيەلىك شېئىردەك بولمىغان بۇ خىل شېئىرىيەتنى تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ.

بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەرجىمىزىمىزدە ئىبرانىي تىلىدىكى «پاراللېل» (ئىككى مىسرالىق) شېئىرىي شەكلىنى ۋە تېكىستنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى ساقلاشقا تىرىشتۇق.

ئىبرانىي تىلىدىكى «خۇدا»نى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى مۇنداق ئالدۇق: ــ

«ئەلوھىم» ــ «خۇدا»

«ئەل» ــ «تەڭرى» ياكى «ئىلاھ»

«ياھۋەھ» («يەھوۋاھ») ــ «پەرۋەردىگار»

«ياھ» (ياھۋەھ»نىڭ قىسقا ئىپادىسى) ــ «ياھ»

«ئادوناي» ــ «رەب»

تەرجىمە خىزمىتىمىزدە، ئالىملارنىڭ «زەبۇر»نىڭ تېكىستىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق پىكىرلىرىنىڭ بىزنىڭكى بىلەن گەۋدىلىك پەرقلەنگەن يەرلىرى بولسا، بىز ئاشۇ باشقا خىل تەرجىمىسىنى ئىزاھلاشقا تىرىشتۇق. ئەگەر باشقا خىل مۇھىم تەرجىمىسىنى ئېتىبارىمىزنىڭ سىرتىدا قالدۇرغان بولساق، ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمىز.

تەرجىمە خىزمەتلىرىمىزدە بىز ئىبرانىي تىلىدىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقلىرىدىن، بولۇپمۇ «دوكتور دېرىك كىدنېر» ھەم «دوكتور مىخائېل ۋىلكوك»لارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندۇق. بىز يەنە 1920-يىللىرى قەشقەردە ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن ھەم خەنزۇچە (1911-يىلىدىكى «خېخېبەن») «مۇقەددەس كىتاب» نۇسخىسىدىن كۆپ پايدىلاندۇق.

ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ ئالدامچىلىققا تولغان مۇشۇ دۇنيادا خۇدانىڭ يولى بويىچە تۈز-توغرا مېڭىشى ئۈچۈن، ھەم ئۇنىڭدىكى شادلىق ۋە نىجاتلىق-قۇتقۇزۇشلارنى تېپىپ ئىگە بولۇش ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارغا ئۆز زەبۇرى ئارقىلىق بەخت، ئىلھام ھەم بارلىق كېرەك بولغان مەدەتلەرنى بەرگەي!
ئامىن!

ئىزاھات: — زەبۇردا تۆۋەندىكى ئالاھىدە سۆز-ئىبارىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ: —

«سېلاھ» – بەلكىم كۈينى چالغان ۋاقىتىدا مۇزىكىدىكى بىر «پائۇزا»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ: – «توختا، ئويلان!» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

«ماسقىل» – مەنىسى بىزگە نامەلۇم، بەلكىم «تەربىيىلىك» ياكى «ماھىرلىق بىلەن ئېيتىلسۇن» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

«مىختام» – بەزى ئالىملارنىڭ پەرىزىچە «ئۇنىسىز دۇئا»، ياكى «يوشۇرۇن گۆھەر» دېگەن مەنىدە.

«تەھتىسارا» – ئۆلگۈچىلەرنىڭ روھلىرى قىيامەت كۈننى كۈتىدىغان جاي (ئىبرانىي تىلىدا «شېئول» دېگەن سۆز).

ئىزاھات: – تېكىستتە كۆل رەڭ بىلەن ئېلىنغان سۆزلەر ئەينى ئىبرانىي تېكىستتە ئۇچرىمايدۇ، پەقەتلا ئۇيغۇرچە تېكىستىمىز راۋانراق ئوقۇلسۇن ئۈچۈن، تەرجىمانلار تەرىپىدىن قوشۇلغان سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، 2-كۈي، 7-ئايەتتىكى «... ئەرشتىكى ...» دېگەن سۆز ئەينى تېكىستتە يوق.

ئىزاھات: – يەنە تەكرارلايمىزكى، كىرىش سۆز، ماۋزۇ، ئىزاھاتلار ۋە ئاخىرقى قوشۇمچە سۆزلەرنى، ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن دەپ قوشۇمچە قىلدۇق. ئۇلار مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەسلىي تېكىست-ئايەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس.

# زەبۇر

## بىرىنچى بۆلۈم

### 1-كۈي
### ئىتائەتمەن ئادەمنىڭ بەختى

1 [1] رەزىللەرنىڭ گېپى بويىچە ماڭمايدىغان،
گۇناھكارلارنىڭ يولىدا تۇرمايدىغان،
مەسخىرە قىلغۇچىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرمايدىغان ئادەم بەخت تاپۇر!
[2] ئۇنىڭ خۇرسەنلىكى پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات-قانۇنىدىدۇر؛
ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىنى كېچە-كۈندۈز سېغىنىپ ئويلايدۇ.
[3] ئۇ خۇددى ئېرىق بويىغا تىكىلگەن،
ئۆز پەسلىدە مېۋىسىنى بېرىدىغان،
يوپۇرماقلىرى سولاشمايدىغان دەرەختەكتۇر؛
ئۇ نېمىلا قىلسا روناق تاپىدۇ.
[4] رەزىل ئادەملەر بولسا ئۇنداق بولماس؛
ئۇلار خۇددى شامال ئۇچۇرۇۋەتكەن تۇزاندەكتۇر.
[5] شۇنىڭ ئۈچۈن رەزىللەر سوراق كۈنىدە تىك تۇرالمايدۇ،

---

**1:1** زەب. 4:26-5؛ پەند. 10:1، 15؛ 14:4، 15؛ 1كور. 33:15؛ ئەف. 11:5

**2:1** «**ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىنى كېچە-كۈندۈز سېغىنىپ ئويلايدۇ**» — ئىبرانيي تىلىدا: «ئۇ ئۇنىڭ قانۇنىنى كېچە-كۈندۈز سېغىنىپ ئويلايدۇ» ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ زەبۇر مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. سەۋەبى، مەسىھتىن باشقا كىم «پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىنى كېچە-كۈندۈز سېغىنىپ ئويلايدۇ»؟! بىردىنبىر مۇكەممەل ئادەم پەقەت ئۇدۇر. ئۇنداق بولغاندا، «ئۇنىڭ قانۇنى» ئۆزىنىڭكىدۇر!

**2:1** قان. 6:6-9؛ 19:17؛ يە. 8:1؛ زەب. 1:112؛ 1:119

**3:1** «**ئۇ نېمىلا قىلسا روناق تاپىدۇ**» — بۇ يەردىكى «ئۇ»، خۇدانىڭ يولىدا ماڭىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

**3:1** يەر. 8:17

**4:1** ئايۇپ 18:21؛ زەب. 5:35؛ يەش. 13:17؛ 5:29؛ ھوش. 3:13

گۇناھكارلار ھەققانىيلارنىڭ جامائىتىدە ھېچ بىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ.
[6] چۈنكى پەرۋەردىگار ھەققانىيلارنىڭ يولىنى كۆڭۈلگە پۈككەن؛ رەزىللەرنىڭ يولى بولسا يوقىلىدۇ.

## 2-كۈي
## خۇدانىڭ مەسىھى بارلىق ئەللەرنى ئىدارە قىلىدۇ

2 [1] ئەللەر نېمىشقا چۇقان سالىدۇ؟
نېمە ئۈچۈن خەلقلەر بىكاردىن-بىكار سۇيىقەست ئويلايدۇ؟
[2] دۇنيادىكى پادىشاھلار سەپكە تىزىلىپ،
ئەمەلدارلار قارا نىيەت ئەيلىشىپ،
پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ مەسىھى بىلەن قارشىلىشىپ: ــ
[3] «ئۇلارنىڭ چەكلىمىلىرىنى چۇرۇۋېتەيلى،
ئۇلارنىڭ ئاسارەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلايلى!» ــ دېيىشىدۇ.
[4] ئاسماندا ئولتۇرغۇچى كۈلىدۇ،
رەب ئۇلارنى مازاق قىلىدۇ؛
[5] ھەم ئاچچىقىدا ئۇلارغا سۆزلەپ،

1:2 **«ئەللەر نېمىشقا چۇقان سالىدۇ؟»** ــ زەبۇردىكى كۈيلەردە، «ئەللەر» ياكى «يات ئەللەر» بولسا، ئىسرائىل خەلقىدىن باشقا ھەربىر خەلق-مىللەتنى كۆرسىتىدۇ.
**1:2** روس. 25:4
2:2 **«پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ مەسىھى»** ــ «مەسىھ» مۇشۇ يەردە، كونا بىر ئۆرپ-ئادەتكە قارىتىلغان. تەۋراتتىكى بەلگىلىمىدە، يېڭى پادىشاھ تىكلىنىش مۇراسىمىدا بېشىغا پۇراقلىق زەيتۇن مېيى قۇيۇلاتتى. بۇ «مەسىھ قىلىش» («مەسىھلەش») دەپ ئاتالغان. «يەشايا» كىتاب، 61-بابتا «مەسىھ قىلىش» دېگەن سۆز بولسا، كىلىدىغان قۇتقۇزغۇچىنىڭ ۋۇجۇدىغا ماي ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھ قۇيۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئايەتتىمۇ ئوخشاشلا، «مەسىھ» مۇقەددەس روھ بىلەن «مەسىھ قىلىنغان ئادەم»نى كۆرسىتىدۇ.
3:2 **«ئۇلارنىڭ چەكلىمىلىرىنى چۇرۇۋېتەيلى، *ئۇلارنىڭ ئاسارەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلايلى!»** ــ «ئۇلار» «خۇدا ۋە ئۇنىڭ مەسىھى»نى كۆرسىتىدۇ.

قەھرى بىلەن ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ: ــ
6 «ئۆزۈم بولسام زىئوندا، يەنى مۇقەددەس تېغىمدا،
ئۆزۈم مەسىھ قىلغان پادىشاھنى تىكلىدىم».

## خۇدا تەيىنلىگەن مەسىھ-پادىشاھ سۆز قىلىدۇ

7 «مەن ئەرشتىكى پەرمانىنى جاكارلايمەنكى،
پەرۋەردىگار ماڭا: ــ
«سەن مېنىڭ ئوغلۇم؛
ئۆزۈم سېنى بۈگۈنكى كۈندە تۇغۇلدۇردۇم؛
8 مەندىن سورا، مەن ساڭا مىراس بولۇشقا ئەللەرنى،
تەئەللۇقۇڭ بولۇشقا يەر يۈزىنى چەت-چەتلىرىگىچە بېرىمەن؛
9 سەن تۆمۈر تاياق بىلەن ئۇلارنى بىتچىت قىلىۋېتىسەن؛
ساپال چىنىنى كۇكۇم-تالقان قىلغاندەك، سەن ئۇلارنى پارە-پارە قىلىۋېتىسەن» ــ دېدى».
10 ئەمدى، ھەي پادىشاھلار، ئەقىلدار بولۇڭلار!
جاھاندىكى سوراقچىلار ساۋاق ئېلىڭلار؛
11 پەرۋەردىگاردىن قورقۇش بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار؛
تىترەك ئىچىدە خۇشاللىنىڭلار!

---

6:2 **«زىئون»، يەنى مۇقەددەس تېغىم..»** ــ «زىئون تېغى» يېرۇسالېم ۋە مۇقەددەس ئىبادەتخانا بۇ تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان. «زىئون» (ياكى «سىئون») ئەسلىدە «كۆرۈنەرلىك» دېگەن مەنىدە. ئۇ خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە ھىمايە بولغانلىقىغا سىمۋول قىلىنىدۇ. **«ئۆزۈم مەسىھ قىلغان پادىشاھنى تىكلىدىم»** ــ يۇقىرىدىكى 2-ئايەتتىكى، «مەسىھ» توغرىسىدىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

7:2 روس. 33:13؛ ئىبر. 1:5؛ 5:5

8:2 زەب. 27:22؛ 8:72

9:2 **«سەن تۆمۈر تاياق بىلەن ئۇلارنى بىتچىت قىلىۋېتىسەن»** ــ ياكى: «سەن تۆمۈر تاياق بىلەن ئۇلارنى باشقۇرىسەن».

9:2 ۋەھ. 27:2؛ 15:19

11:2 **«تىترەك ئىچىدە خۇشاللىنىڭلار!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «تىترەك ئىچىدە ياشاڭلار!».

[12] ئوغۇلنىڭ غەزىپىنىڭ قوزغالماسلىقى ئۈچۈن،
ئۇنى سۆيۈڭلار؛
چۈنكى ئۇنىڭ غەزىپى سەللا قايىنسا،
يولۇڭلاردىلا ھالاك بولىسىلەر؛
ئۇنىڭغا تايانغانلار نەقەدەر بەختلىكتۇر!

## 3-كۈي
## سەھەردىكى دۇئا

3 [1] داۋۇت ئۆز ئوغلى ئابشالومدىن قېچىپ يۈرگەن كۈنلەردە يازغان
كۈي: ــ

ئى پەرۋەردىگار، مېنى قىستاۋاتقانلار نەقەدەر كۆپىيىپ كەتكەن،
مەن بىلەن قارشىلىشىۋاتقانلار نېمىدېگەن كۆپ!
[2] نۇرغۇنلار مەن توغرۇلۇق: ــ
«خۇدادىن ئۇنىڭغا ھېچ نىجات يوقتۇر!» دېيىشىۋاتىدۇ.
سېلاھ!
[3] بىراق سەن، ئى پەرۋەردىگار، ئەتراپىمدىكى قالقاندۇرسەن؛

---

12:2 «ئۇنى ئوغۇلنى سۆيۈڭلار» ــ بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم «خۇدانىڭ ئوغلى بىلەن ئەپلىشىۋېلىڭلار». «چۈنكى ئۇنىڭ غەزىپى سەللا قايىنسا...» ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى «چۈنكى ئۇنىڭ غەزىپى تېزلا قوزغىلىدۇ...».

12:2 زەب. 8:34؛ پەند. 20:16؛ يەش. 18:30؛ يەر. 7:17؛ رىم. 9:33؛ 10:11؛ 1پېت. 6:2

1:3 «داۋۇت ئۆز ئوغلى ئابشالومدىن قېچىپ يۈرگەن كۈنلەردە...» ــ مۇشۇ ۋەقە، «2سام.» 15-18-بابتا خاتىرىلەنگەن.

1:3 2سام. 15،16،17،18

2:3 «خۇدادىن ئۇنىڭغا ھېچ نىجات يوقتۇر!» ــ دېمىسەكمۇ، «نىجات» («خۇدادىن كەلگەن قۇتقۇزۇش») دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «سېلاھ» ــ مۇشۇ سۆز بەلكىم كۈي چالغان ۋاقىتتا مۇزىكىدىكى بىر «پائۇزا»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ: ــ «توختا، ئويلان!» دېگەن ئەماسى بولۇشى مۇمكىن.

شان-شەرىپىم ھەم بېشىمنى يۆلىگۈچىدۇرسەن!
4 ئاۋازىم بىلەن مەن پەرۋەردىگارغا نىدا قىلىمەن،
ئۇ مۇقەددەس تېغىدىن ئىجابەت بېرىدۇ.
سېلاھ.
5 مەن بولسام ياتتىم، ئۇخلىدىم؛
ئويغاندىم، چۈنكى پەرۋەردىگار ماڭا يار-يۆلەك بولىدۇ.
6 مېنى قورشاپ سەپ تۈزگەن تۈمەنلىگەن ئادەملەر بولسىمۇ،
مەن ئۇلاردىن قورقمايمەن!
7 ئى پەرۋەردىگار، ئورنۇڭدىن تۇر!
مېنى قۇتقۇز، ئى خۇدايىم!
مېنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىمنىڭ تەستىكىگە سالغايسەن؛
رەزىللەرنىڭ چىشلىرىنى چېقىۋەتكەيسەن!
8 نىجاتلىق بولسا پەرۋەردىگاردىندۇر؛
بەرىكىتىڭ ئۆز خەلقىڭدە بولسۇن!
سېلاھ!

## 4-كۈي
## كېچىدىكى دۇئا

4 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق سازلار بىلەن ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: —

مەن نىدا قىلغىنىمدا، ماڭا جاۋاب بەرگەيسەن،

3:3 «شان-شەرىپىم ھەم بېشىمنى يۆلىگۈچىدۇرسەن!» — «مېنىڭ شان-شەرىپىم» دېگەن ئىبارە ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ، بەلكىم: (1) داۋۇتنىڭ مەدھىيىسىنىڭ تېمىسى خۇدا ئۆزىدۇر؛ (2) خۇدانىڭ داۋۇتنىڭ ئۆز خۇداسى بولغانلىقى، بۇ ناھايىتى پەخىرلىك، شەرەپلىك ئىشتۇر، دېگەن ئىككى مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.
5:3 زەب. 8:4
6:3 زەب. 3:27
8:3 پەند. 31:21؛ يەش. 11:43؛ يەر. 23:3؛ ھوش. 4:13؛ ۋەھ. 10:7؛ 1:19

**ئى ماڭا ھەققانىيلىقىم ئاتا قىلغۇچى خۇدا!**
**بېسىم ئاستىدا قالغاندا سەن مېنى كەڭرىچىلىككە چىقاردىڭ؛**
**ماڭا مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، دۇئايىمنى ئاڭلا!**
**2 ئى ئىنسان باللىرى، سىلەر مېنىڭ شان-شەرىپىمنى قاچانغىچە ئاھانەتكە قالدۇرىسىلەر؟**
**قاچانغىچە بىھۇدىلىكنى سۆيۈپ،**
**يالغاننى ئىزدەپ يۈرىسىلەر؟**
**سېلاھ.**
**3 بىراق شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى،**
**پەرۋەردىگار ئىخلاسمەنلەرنى ئۆزىگە خاس قىلغان؛**
**مەن ئۇنىڭغا نىدا قىلغىنىمدا، پەرۋەردىگار ئاڭلايدۇ.**
**4 ئاچچىقىڭلارغا بېرىلىپ، گۇناھ قىلماڭلار؛**
**ئۆز ئورنۇڭلاردا يېتىپ، قەلبىڭلاردا چوڭقۇر ئويلىنىپ،**
**سۈكۈت قىلىڭلار.**
**سېلاھ.**
**5 ھەققانىيلىق بىلەن قۇربانلىقلارنى قىلىڭلار،**
**ۋە پەرۋەردىگارغا تايىنىڭلار.**
**6 كۆپ خەلق: ــ «كىم بىزگە ياخشىلىق كۆرسىتەلىسۇن؟» ــ دەپ سورىماقتا؛**

---

1:4 **«نەغمىچىلەرنىڭ بېشى»** ــ ياكى «باش سازچى». داۋۇت ئىبادەتخانىدا ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ كۈيلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەخسۇس خورچىلار ھەم سازچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان. مۇشۇ يەردىكى «باش سازچى» شۇبھىسىزكى شۇلارنى باشقۇرىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. داۋۇت باش سازچىنىڭ مۇشۇ كۈينى ئۆز مۇزىكىسى بىلەن ئىبادەتخانىدا ئوقۇشىنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك. **«ئى ماڭا ھەققانىيلىق ئاتا قىلغۇچى خۇدا!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «ئى ھەققانىيلىقىمنىڭ خۇداسى!». باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئى مەن ئۈچۈن ئادالەتنى سورىغۇچى خۇدا!»
2:4 **«قاچانغىچە بىھۇدىلىكنى سۆيۈپ، يالغاننى ئىزدەپ يۈرىسىلەر؟»** ــ بۇ ئايەت بەلكىم «يالغان ئىلاھ»لار، يەنى بۇتلار توغرۇلۇق ئېيتىلغان. سۆزلىگۈچىنىڭ «مېنىڭ شان-شەرىپىم» دېگىنى بولسا، خۇدادۇر. مۇشۇ ئادەملەر ئۇنى سۆيۈپ، ئۇنى ئىزدەشنىڭ ئورنىدا بۇتلارنى ئىزدەيدۇ
**4:4** ئەف. 26:4
**5:4** قان. 19:33؛ زەب. 19-16:51

جامالىڭنىڭ نۇرى ئۈستىمىزگە چۈشسۇن، ئى پەرۋەردىگار!
[7] ئاشلىق ۋە يېڭى شارابلىرى مولچىلىق بولغانلارنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ،
مېنىڭ قەلبىمنى بەكرەك خۇشاللىققا تولدۇردۇڭ.
[8] مەن ياتاي، ھەم خاتىرجەملىكتە ئۇخلىۋالاي؛
چۈنكى مېنى بىخەتەرلىكتە ياشاتقۇچى پەقەتلا سەن، ئى پەرۋەردىگار!

## 5-كۈي
## سەھەردىكى ئۈمىد

5 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، نەيلەر بىلەن ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: —

مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغايسەن، ئى پەرۋەردىگار،
مېنىڭ ئاھلىرىمغا كۆڭۈل بۆلگەيسەن.
[2] كۆتۈرگەن پەريادلىرىمنى ئاڭلا، مېنىڭ پادىشاھىم، مېنىڭ خۇدايىم،
چۈنكى ساڭىلا دۇئا قىلىمەن.
[3] ئى پەرۋەردىگار، سەھەردە سەن ئاۋازىمنى ئاڭلايسەن؛
مەن سەھەردە ئۆزۈمنى ساڭا قارىتىمەن،
يۇقىرىغا كۆز تىكىمەن.
[4] چۈنكى سەن رەزىللىكتىن ھوزۇر ئالغۇچى ئىلاھ ئەمەسدۇرسەن؛
يامانلىق ھەرگىز سەن بىلەن بىللە تۇرمايدۇ.
[5] پوچى-تەكەببۇرلار كۆزۈڭ ئالدىدا تۇرالمايدۇ؛
قەبىھلىك قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ساڭا يىرگىنچلىكتۇر.

---

**8:4** لاۋ. 5:26؛ قان. 10:12؛ 28:33؛ زەب. 6:3

3:5 **«ئى پەرۋەردىگار، سەھەردە سەن ئاۋازىمنى ئاڭلايسەن؛...»** — «سەھەردە» دېگەن سۆزگە قاراپ بەزى ئالىملار 3-، 4- ھەم 5-كۈيلەر، داۋۇتنىڭ ئابشالومدىن قېچىش جەريانىدىكى ئۈچ كۈن ئىچىدىكى دۇئالىرى، دەپ قارايدۇ (33-كۈيدە «كەچ» ھەم «سەھەر» بار، 4-دە بولسا «كەچ»، 5-دە «سەھەر» بار).

[6] يالغان سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىسەن؛
پەرۋەردىگار قانخور، ئالدامچى كىشىلەرگە نەپرەت قىلۇر.
[7] بىراق مەن بولسام، مېھىر-شەپقىتىڭنىڭ كەڭرىچىلىكىدىن
ئۆيۈڭگە كىرىمەن؛
ساڭا بولغان ئەيمىنىشتىن مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭغا قاراپ سەجدە
قىلىمەن؛
[8] مېنى ئۆچ كۆرگەنلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ھەققانىيلىقىڭ بىلەن مېنى
يېتەكلىگەيسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
يولۇڭنى ئالدىمدا تۈز قىلغىن.
[9] چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاغزىدا ھېچقانداق سەممىيلىك يوقتۇر؛
ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بولسا پاسىقلىقتۇر،
ئۇلارنىڭ گاللىرى ئېچىلغان قەبرىدەك سېسىقتۇر،
ئۇلار تىلى بىلەن خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ.
[10] ئۇلارنىڭ گۇناھىنى بېكىتكەيسەن، ئى خۇدا؛
ئۇلار ئۆز پىلانلىرى بىلەن ئۆزلىرى موللاق ئاتسۇن؛
ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىتائەتسىزلىكلىرى بىلەن ھەيدەپ
چىقارغايسەن؛
چۈنكى ئۇلار ساڭا ئاسىيلىق قىلدى.
[11] شۇنداق قىلغاندا ساڭا تايانغانلارنىڭ ھەممىسى شادلىنىدۇ؛
ئۇلار مەڭگۈ شادلىق بىلەن تەنتەنە قىلىدۇ؛
سەن ئۇلارنى قوغدايسەن؛
سېنىڭ نامىڭنى سۆيگەنلەر سېنىڭدىن يايرايدۇ.
[12] چۈنكى سەن، ئى پەرۋەردىگار، ھەققانىي ئادەمگە بەخت ئاتا
قىلىسەن؛
ئۇنى شاپائىتىڭ بىلەن قالقان كەبى ئورايسەن.

---

**9:5** زەب. 2:12-3؛ 1:36-3؛ 2:52؛ 4:62؛ رىم. 13:3

**10:5** زەب. 14:7-15؛ 15:9-16؛ 7:35-8؛ 12:59

## 6-كۈي
## قايغۇ ئىچىدىكى دۇئا

6 [1]نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق سازلار ھەم سەككىز تارلىق ئارفا بىلەن ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: —
پەرۋەردىگار، غەزىپىڭ تۇتقاندا مېنى ئەيىبلىمە؛
قەھرىڭ كەلگەندە مېنى ئەدەپلىمە.
[2]ماڭا شاپائەت قىلغىن، ئى پەرۋەردىگار، چۈنكى مەن زەئىپلىشىپ كەتتىم؛
ئى پەرۋەردىگار، مېنى ساقايتقىن، چۈنكى مېنىڭ ئۇستىخانلىرىم ۋەھىمىگە چۈشتى.
[3]مېنىڭ جېنىم دەھشەتلىك دەككە-دۈككىگە چۈشتى؛
ئى پەرۋەردىگار، قاچانغىچە شۇنداق بولىدۇ؟
[4]يېنىمغا قايت، ئى پەرۋەردىگار، جېنىمنى ئازاد قىلغايسەن،
ئۆزگەرمەس مۆھەببىتىڭ ئۈچۈن مېنى قۇتقۇزغىن.
[5]چۈنكى ئۆلۈمدە بولسا ساڭا سېغىنىشلار يوق؛
تەھتىسارادا كىم ساڭا تەشەككۈرلەرنى ئېيتسۇن؟
[6]مېنىڭ ئۇھ تارتىشلىرىمدىن ماغدۇرۇم قالمىدى؛
تۈن بويى ئورۇن-كۆرپەمنى كۆلچەك قىلىمەن؛
ياشلىرىم بىلەن كارىۋىتىمنى چۆكتۈرىمەن.
[7]دەردلەردىن كۆزۈم خىرەلىشىپ كەتتى؛
بارلىق كۈشەندىلىرىم تۈپەيلىدىن كۆزۈم كاردىن چىققۇدەك بولدى.
[8]ئى قەبىھلىك قىلغۇچىلار، ھەممىڭلار مەندىن نېرى بولۇڭلار؛
چۈنكى پەرۋەردىگار يىغا ئاۋازىمنى ئاڭلىدى.

---

**1:6** **«سەككىز تارلىق ئارفا»** — باشقا بىر تەرجىمىسى «سەككىز ئەنلىك كۈي».
**2:6** زەب. 3:38
**5:6** **«تەھتىسارادا كىم ساڭا تەشەككۈرلەرنى ئېيتسۇن؟»** — «تەھتىسارا» ئۆلگۈچىلەرنىڭ روھلىرى قىيامەت كۈنىنى كۈتىدىغان جاي (ئىبرانىي تىلىدا «شېئول» دېيىلىدۇ).
**8:6** مات. 23:7؛ 41:25؛ لۇقا 27:13

9 پەرۋەردىگار تىلاۋىتىمنى ئاڭلىدى؛
پەرۋەردىگار دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىدۇ؛
10 دۈشمەنلىرىمنىڭ ھەممىسى يەرگە قاراپ قالىدۇ،
ئۇلار زور پاراكەندىچىلىككە دۇچار بولىدۇ؛
تۇيۇقسىز كەينىگە يېنىپ خىجالەتتە قالىدۇ.

## 7-كۈي
## خۇدا ئۆز ھەققانىيلىقىنى كۆرسەتكەي!

7 2-1 داۋۇتنىڭ «شىگگايون»ى: ــ كۇش ئىسىملىك بىر بىنيامىنلىقنىڭ سۆزلىرى توغرۇلۇق ئېيتقان كۈيى: ــ

ئى پەرۋەردىگار، مېنىڭ خۇدايىم، مەن ساڭا تاياندىم؛
ئۇلاردىن بىرى شىردەك مېنى تىتما-تىتما قىلىۋەتمىسۇن،
قۇتقۇزغۇچى يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ مېنى ئېزىۋەتمىسۇن،
مېنى بارلىق قوغلىغۇچىلاردىن قۇتقۇزغىن،
ئۇلاردىن خالاس قىلغىن؛
3 ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، ئەگەر قولۇمدا قەبىھلىك قىلغان بولسام،
ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسام: ــ
4 ئەگەر مەن بىلەن ئىناق ئۆتكۈچىگە يامانلىق قايتۇرغان بولسام،
(ئەكسىچە مەن بىلەن بىكاردىن-بىكار دۈشمەنلەشكەننىمۇ قۇتقۇزدۇم) ــ

---

2-1:7 **«داۋۇتنىڭ «شىگگايون»ى»** ــ «شىگگايون» بەلكىم «دولقۇنلۇق»، «ئوتلۇق»، «ئاشقلىق بىلەن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆز كۈينىڭ ئېيتىلىدىغان ئاھاڭىنى بىلدۈرىدۇ. **«كۇش ئىسىملىك بىر بىنيامىنلىقنىڭ سۆزلىرى»** ــ «كۇش» دېگەن كىشى توغرۇلۇق باشقا خەۋىرىمىز يوق. ھېچ بولمىغاندا ئۇ داۋۇتقا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان.
4:7 **«... ئەكسىچە مەن بىلەن بىكاردىن-بىكار دۈشمەنلەشكەننىمۇ قۇتقۇزدۇم ...»** ــ «باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...ياكى ماڭا ئازار قىلغۇچىنى بىكاردىن-بىكار بۇلىغان بولسام، ...».

5 ــ ئۇنداقتا، دۈشمەن مېنى قوغلاپ تۇتۇۋالسۇن،
ئۇ جېنىمنى چەيلەپ يەر بىلەن يەكسان قىلسۇن،
شۆھرىتىمنى تۇپراققا كۆمسۇن!
6 ئى پەرۋەردىگار، غەزىپىڭ بىلەن ئورنۇڭدىن تۇرغىن،
مېنى ئەزگەنلەرنىڭ قەھرىگە تاقابىل تۇرۇشقا قەددىڭنى رۇسلىغىن،
ۋە مېنىڭ ئۈچۈن ئويغانغىن؛
سەن سوت ۋە ھۆكۈمنى بېكىتكەندىڭغۇ!
7 خەلقلەردىن بولغان جامائەت ئەتراپىڭغا ئولىشىدۇ؛
سەن ئۇلار ئۈچۈن پەلەكتىكى ئورنۇڭغا قايتىپ بارغايسەن.
8 پەرۋەردىگار خەلقلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛
ئى پەرۋەردىگار، ئۆز ھەققانىيلىقىم بويىچە،
ۋە ئۆزۈمدە بولغان دۇرۇسلىقىم بويىچە،
ماڭا ھۆكۈم چىقارغايسەن.
9 ئاھ، رەزىللەرنىڭ يامانلىقى ئاخىرلاشسۇن!
ھەققانىي ئادەمنى چىڭ تۇرغۇزغايسەن؛
ئى، ئادەم قەلبلىرىنى ھەم ئىچلىرىنى سىنىغۇچى ھەققانىي خۇدا!
10 مېنىڭ قالقىنىم بولسا،
دۇرۇس نىيەتلىكلەرنى قۇتقۇزغۇچى خۇدادىدۇر؛
11 خۇدا ئادىل سوتچىدۇر،
ئۇ كۈن بويى گۇناھتىن رەنجىيدىغان ئىلاھتۇر؛
12 بىرسى يامان يولىدىن يانمىسا،
ئۇ قىلىچىنى بىلەيدۇ،
يا ئوقىنى تارتىپ بەتلەپ قويىدۇ.

---

7:7 **«سەن ئۇلار ئۈچۈن پەلەكتىكى ئورنۇڭغا قايتىپ بارغايسەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرگىن».

9:7 **«ئادەم قەلبلىرىنى ھەم ئىچلىرىنى سىنىغۇچى»** ــ «ئىچلىرى» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلدا «بۆرەكلىرى» دېيىلىدۇ.

9:7 1تار. 9:28؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20؛ ۋەھ. 23:2

13 شۇنداق ئادەملەر ئۈچۈن ئۇ ئۆلۈم قوراللىرىنى تەييارلىدى؛
ئۇ ئوقلىرىنى كۆيدۈرگۈچى ئوق قىلدى.
14 مانا، مۇشۇنداق كىشىلەر تولغاقتا قەبىھلىك تۇغماقچى،
ئۇنىڭ بويىدا قالغىنى يامانلىقتۇر؛
ئۇنىڭ تۇغقىنى بولسا ساختىلىقتۇر.
15 ئۇ بىر ئورىنى كولاپ، ئۇنى چوڭقۇر قىلدى؛
ئۇ ئۆزى كولىغان ئورىغا يىقىلىپ چۈشتى.
16 ئۆزىنىڭ يامانلىقى بېشىغا قايتىپ كېلىدۇ،
ئۆز زوراۋانلىقى بولسا ئۆز ئۈستىگە قايتىپ چۈشىدۇ.
17 مەن پەرۋەردىگارنى ھەققانىيلىقى بىلەن مەدھىيىلەيمەن،
ھەممىدىن يۇقىرى تۇرغۇچى پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى ياڭرىتىپ، كۈي
قىلىپ ئېيتىمەن.

## 8-كۈي
## خۇدانىڭ ئىنسان بالىسىغا بولغان ئۇلۇغ پىلانى

8 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «گىتتىف»تا ئورۇنلانسۇن
دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: —

ئى، ئۆز ھەيۋەڭنى ئاسمانلاردىنمۇ يۇقىرى تىكلىگەن پەرۋەردىگار
رەببىمىز،
پۈتكۈل يەر يۈزىدە نامىڭ شۇنچە شەرەپلىكتۇر!
2 ئۆز رەقىبلىرىڭ تۈپەيلىدىن،
دۈشمەن ۋە قىساسچىلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىشكە،

**14:7** ئايۇپ 15:35؛ يەش. 4:59
**15:7** ئايۇپ 8:4؛ زەب. 15:9؛ 2:10؛ 35:7-8؛ 13:94؛ 85:119؛ پەند. 22:5؛ 27:26؛ تول. 8:10
**1:8** ««گىتتىف»تا ئورۇنلانسۇن دەپ...»» — «گىتتىف» ئالىملارنىڭ پەرزىچە «گات» شەھىرىدىن چىققان بىرخىل ساز.

بوۋاقلار ۋە ئەمگۈچىلەرنىڭ ئاغزىدىن كۈچ تىكلىدىڭسەن.
3 مەن بارماقلىرىڭنىڭ ياسىغىنى بولغان ئاسمانلىرىڭغا،
سەن مەزمۇت بېكىتكەن ئاي-يۇلتۇزلارغا قارىغىنىمدا،
4 سەن ئىنساننى سېغىنىدىكەنسەن،
ئەمدى ئادەم دېگەن نېمە ئىدى؟
سەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ يوقلايدىكەنسەن،
ئىنسان بالىسى قانچىلىك نېمە ئىدى؟
5 چۈنكى سەن ئۇنىڭ ئورنىنى پەرىشتىلەرنىڭكىدىن ئازغىنە تۆۋەن
بېكىتتىڭسەن،
سەن ئۇنىڭغا شان-شەرەپ ۋە شۆھرەتلەرنى تاج قىلىپ بەردىڭ.
6 ئۇنى قولۇڭنىڭ ياسىغانلىرىنى ئىدارە قىلىشقا تىكلىدىڭ؛
سەن بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنىڭ پۇتى ئاستىغا قويغانسەن،
7 جۈملىدىن بارلىق قوي-كالىلار،
دالادىكى بارلىق جانىۋارلار،
8 ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار،
دېڭىزدىكى بېلىقلار،
دېڭىزلارنىڭ يوللىرىدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ بارلىقىنى پۇتى ئاستىغا
قويدۇڭ.
9 ئى پەرۋەردىگار رەببىمىز، پۈتكۈل يەر يۈزىدە نامىڭ نېمىدېگەن
شەرەپلىك-ھە!

---

**2:8** مات. 16:21

**4:8** ئايۇپ 17:7؛ زەب. 3:144؛ ئىبر. 6:2

**5:8** «**سەن ئۇنىڭ ئورنىنى پەرىشتىلەرنىڭكىدىن ئازغىنە تۆۋەن بېكىتتىڭسەن...**» — باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى بار: (1) «سەن ئۇنىڭ ئورنىنى خۇدانىڭكىدىن ئازغىنە تۆۋەن بېكىتكەنسەن»؛ (2) «سەن ئۇنىڭ ئورنىنى پەرىشتىلەرنىڭكىدىن بىر مەزگىللىكلا تۆۋەن قىلغانسەن».

**6:8** 1كور. 27:15

## 9-كۈي

## خۇدا ئۆز شەرىپى ھەم ئادالىتىنى كۆرسەتكەي!

9 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «مۇت-لاببەن» دېگەن
ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: ــ

مەن سەن پەرۋەردىگارنى پۈتۈن قەلبىم بىلەن مەدھىيىلەيمەن؛
مەن سېنىڭ قىلغان بارلىق كارامەتلىرىڭنى بايان قىلاي؛
[2] مەن سەندىن خۇشال بولۇپ شادلىنىمەن؛
سېنىڭ نامىڭنى ناخشا قىلىپ ئېيتىمەن، ئى ھەممىدىن ئالىي!
[3] مېنىڭ دۈشمەنلىرىمنىڭ كەينىگە يېنىشلىرى بولسا،
دەل ئۇلارنىڭ سېنىڭ دىدارىڭ ئالدىدا يىقىلىپ، يوقىلىشىدىن
ئىبارەت بولىدۇ.
[4] چۈنكى سەن مېنىڭ ھەققىم ھەم دەۋايىمنى سورىدىڭ؛
سەن تەختكە ئولتۇرۇپ، ھەققانىيلارچە سوتلىدىڭ.
[5] سەن ئەللەرگە تەنبىھ بېرىپ، رەزىللەرنى ھالاك قىلدىڭ؛
سەن ئۇلارنىڭ نامىنى مەڭگۈگە ئۆچۈرۈۋەتكەنسەن.
[6] ئى دۈشمىنىم! ھالاكەتلىرىڭ مەڭگۈلۈك بولدى!
سەن شەھەرلىرىنى يۇلۇپ تاشلىۋەتتىڭ،
ھەتتا ئۇلارنىڭ ناملىرىمۇ يوقاپ كەتتى؛
[7] بىراق پەرۋەردىگار مەڭگۈگە ئولتۇرۇپ ھۆكۈم سۈرىدۇ؛
ئۇ ئۆز تەختىنى سوت قىلىشقا تەييارلاپ بېكىتكەن؛
[8] ئالەمنى ھەققانىيلىق بىلەن سوت قىلغۇچى ئۇدۇر؛
خەلقلەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛
[9] ھەم ئۇ پەرۋەردىگار ئېزىلگۈچىلەرگە ئېگىز پاناھ،

---

1:9 ««مۇت-لاببەن» دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ» ــ «مۇت-لاببەن» بەلكىم «ئوغۇلنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن مەنىدە.
8:9 زەب. 13:96؛ 9:98

شۇنداقلا ئازابلىق كۈنلەردە ئېگىز پاناھدۇر.
10 نامىڭنى بىلگەنلەر بولسا ساڭا تايىنىدۇ؛
چۈنكى سەن، ئى پەرۋەردىگار، ئۆزۈڭنى ئىزدىگەنلەرنى ھەرگىز تاشلىغان ئەمەسسەن.
11 زىئوندا تۇرغۇچى پەرۋەردىگارغا كۈيلەرنى ياڭرىتىڭلار!
ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى خەلقلەر ئارىسىدا بايان قىلىڭلار؛
12 چۈنكى تۆكۈلگەن قاننىڭ سورىقىنى قىلغۇچى ئۇدۇر،
ئۇ دەل شۇنداق كىشىلەرنى ئەسلەيدۇ،
خار قىلىنغانلارنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئۇ ئۇنتۇغان ئەمەس.
13 ماڭا شەپقەت كۆرسەتكىن، ئى پەرۋەردىگار،
مېنىڭ ئۆچمەنلەردىن كۆرگەن خورلۇقلىرىمغا نەزەر سالغىنكى،
مېنى ئۆلۈم دەرۋازىلىرى ئالدىدىن كۆتۈرگەيسەن؛
14 شۇنداق قىلغاندا مەن زىئون قىزىنىڭ دەرۋازىلىرىدا تۇرۇپ،
ساڭا تەئەللۇق بارلىق مەدھىيىلەرنى جاكارلايمەن؛
مەن نىجاتلىق-قۇتقۇزۇشۇڭدا شادلىنىمەن.
15 ئەللەر بولسا ئۆزلىرى كولىغان ئورىغا ئۆزلىرى چۈشۈپ كەتتى،
ئۆزلىرى يوشۇرۇپ قويغان تورغا پۇتى قاپسىلىپ قالدى.
16 پەرۋەردىگار چىقارغان ھۆكۈمى بىلەن تونۇلار؛
رەزىل ئادەملەر ئۆز قولىدا ياسىغىنى بىلەن ئىلىنىپ قالدى.
خىگگايون ــ سېلاھ.
17 رەزىللەر،
يەنى خۇدانى ئۇنتۇغان بارلىق ئەللەر،

---

**9:9** زەب. 39:37؛ 46:1-3؛ 91:1-2

**14:9** **«... مەن زىئون قىزىنىڭ دەرۋازىلىرىدا تۇرۇپ،...»** ــ «زىئون قىزى» يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ.

**15:9** زەب. 7:16؛ پەند. 22:5

**16:9** **«خىگگايون ــ سېلاھ»** ــ «خىگگايون» بەلكىم «سېغىنىپ ئويلىنىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ شۇنداقلا يەنە بەلكىم: ــ «مۇزىكا پەس ئاۋازلىق بولۇشى كېرەك» دېگەننى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

ياندۇرۇلۇپ، تەھتىساراغا تاشلىنىدۇ.
[18] چۈنكى نامراتلار مەڭگۈگە ئەستىن چىقىرىلمايدۇ؛
مۆمىنلەرنىڭ ئۈمىدى مەڭگۈ ئۆچمەي، تۇرۇۋېرىدۇ.
[19] ئى پەرۋەردىگار، ئورنۇڭدىن تۇرغىن؛
ئادەم باللىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا يول قويمىغىن؛
ھۇزۇرۇڭ ئالدىدا بارلىق ئەللەر سوتلانسۇن.
[20] ئۇلارنى دەككە-دۈككىگە چۈشۈر، ئى پەرۋەردىگار؛
ئەللەر ئۆزلىرىنى بىر پەقەت ئادەم باللىرى خالاس، دەپ بىلسۇن!
سېلاھ!

## 10-كۈي
## 10-كۈي 9-كۈي داۋامى
## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

10 [1] نېمىشقا، ئى پەرۋەردىگار، يىراقتا تۇرىسەن؟
نېمىشقا ئازابلىق كۈنلەردە ئۆزۈڭنى يوشۇرىسەن؟
[2] رەزىل ئادەملەر تەكەببۇرلۇقى بىلەن ئاجىز مۆمىنلەرنى تاپ باستۇرۇپ
قوغلاپ يۈرىدۇ؛

17:9 «...ياندۇرۇلۇپ، تەھتىساراغا تاشلىنىدۇ» — «تەھتىسارا» توغرۇلۇق 6-كۈي، 5-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى، شۇنداقلا «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

1:10 **«نېمىشقا، ئى پەرۋەردىگار، يىراقتا تۇرىسەن؟ نېمىشقا ئازابلىق كۈنلەردە ئۆزۈڭنى يوشۇرىسەن؟»** — 10-كۈينىڭ 9-كۈي بىلەن سىرلىق ئالاقىسى بار؛ 9-كۈي ھەم 10-كۈيدىكى ئايەتلەر ئىبرانىي تىلدا ئالاھىدە شەكىلگە ئىگە. ئىبرانىي يېزىقىدا 22 ھەرپ بار. بۇ ئىككى كۈيدىكى تاق ئايەتلەرنىڭ ھەربىرى ئىبرانىي ئېلىپبە تەرتىپىگە ئاساسەن يېڭى ھەرپ بىلەن باشلىنىدۇ (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى بولسا، ئا-، ئە-، ب- قاتارلىق ھەرپلەر بىلەن باشلانغانغا ئوخشاش). 9-كۈي ھەم 10-كۈينى بىر-بىرىگە باغلىغاندا، تولۇق «ئېلىپبەلىك نۇسخا» پەيدا بولىدۇ. كېيىن مۇشۇنداق كۈينى «ئېلىپبە تەرتىپلىك» كۈي دەپ ئاتايمىز.

ئۇلار ئۆزلىرى تاپقان ھىيلىلەر بىلەن ئىلىنىپ، بابلىنىدۇ.
3 چۈنكى رەزىللەر ئۆز ئارزۇ-ھەۋەسلىرى بىلەن ماختىنىدۇ؛
ئاچ كۆزلەر ئۇچۇن بەخت تىلەيدۇ؛
پەرۋەردىگارنى بولسا كۆزگە ئىلمايدۇ.
4 ئۇلار چىرايىدىن ھاكاۋۇرلۇق ياغدۇرۇپ،
خۇدانى ئىزدىمەيدۇ؛
ئۇلار بارلىق خىياللىرىدا: «ھېچبىر خۇدا يوقتۇر!» دەيدۇ.
5 ئۇلارنىڭ يوللىرى ھەمىشە راۋان بولىدۇ؛
سېنىڭ ھۆكۈملىرىڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن يىراق ۋە ئۈستۈن تۇرىدۇ؛
ئۇلارنىڭ رەقىبلىرى بولسا، ئۇلارغا قاراپ «تۇفى!» دەپ مازاق قىلىدۇ.
6 رەزىل ئادەم كۆڭلىدە: «مەن ھېچ تەۋرەنمەي تۇرۇۋېرىمەن!
دەۋردىن-دەۋرگە ھېچ مۇشەققەتكە ئۇچرىمايمەن» ــ دەيدۇ.
7 ئۇنىڭ ئاغزى قارغاش، ئالدامچىلىق ھەم زۇلۇمغا تولغان؛
تىلى ئاستىدا ئەسكىلىك ۋە قەبىھلىك ياتىدۇ.
8 ئۇ مەھەللىلەردە يوشۇرۇنچە ماراپ ئولتۇرىدۇ؛
ئۇ پىنھان جايلاردا گۇناھسىزلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؛
كۆزلىرى يوقسۇللارنى كۆزلەيدۇ؛
9 ئۇ چاتقاللىقىدا ياتقان شىردەك يوشۇرۇنچە پايلاپ ياتىدۇ؛
ئۇ مۆمىنلەرنى تۇتۇۋېلىش ئۇچۇن يوشۇرۇنچە ماراپ ياتىدۇ؛
مۆمىنلەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆز تورىغا چۈشۈرىدۇ.
10 يوقسۇللار ئېزىلىدۇ، پۈكۈلىدۇ؛

---

2:10 **«ئۇلار ئۆزلىرى تاپقان ھىيلىلەر بىلەن ئىلىنىپ، بابلىنىدۇ»** ــ ياكى «ئاجىزلار ئۇلارنىڭ ھىيلىلىرى بىلەن ئىلىنىپ قالىدۇ».

**2:10** زەب. 16:7؛ 9:15-16؛ پەند. 22:5

3:10 **«ئاچ كۆزلەر ئۇچۇن بەخت تىلەيدۇ؛ پەرۋەردىگارنى بولسا كۆزگە ئىلمايدۇ»** ــ ياكى «ئاچ كۆزلەر ئادەمنى تىللاپ، پەرۋەردىگارنى چەتكە قاقىدۇ».

**4:10** زەب. 1:14-3؛ 1:53-3

**7:10** رىم. 14:3

دەردمەنلەر ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى بىلەن يىقىلىدۇ.
11 ئۇ كۆڭلىدە: «تەڭرى بۇنى ئۇنتۇپ قالدى،
ئۇ يۈزىنى يېپىۋېلىپ، قارىمايدۇ؛
بۇنى ھەرگىز كۆرمەيدۇ» ــ دەيدۇ.
12 ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ئى پەرۋەردىگار؛
ئى تەڭرىم، قولۇڭنى كۆتۈرگىن؛
ئېزىلگەن مۆمىنلەرنى ئۇنتۇما!
13 رەزىل ئادەم نېمىشقا سەن خۇدانى كۆزىگە ئىلمايدۇ؟
ئۇ كۆڭلىدە: «خۇدا بۇنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ!» ــ دەيدۇ.
14 سەن بۇنى كۆرگەنسەن؛
سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن يامانلىق ھەم زۇلۇمنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن،
ئۇلارنى كۆزلەپ يۈرىسەن؛
دەردمەنلەر ئۆزلىرىنى ساڭا ئامانەت قىلىدۇ؛
چۈنكى سەن يېتىم-يېسىرلەرگە يار-يۆلەك بولۇپ كەلگەنسەن؛
15 رەزىل، يامان ئادەمنىڭ بىلىكىنى سۇندۇرۇۋەتكەيسەن؛
ئۇنىڭ رەزىللىكىنى بىرمۇبىر سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇزۇل-كېسىل يوقاتقايسەن.
16 پەرۋەردىگار ئەبەدىلئەبەدگىچە پادىشاھدۇر؛

---

10:10 **«دەردمەنلەر ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى بىلەن يىقىلىدۇ»** ــ «ياۋۇزلۇقلىرى» بەلكىم كۆچمە مەنىدە بولۇپ، شىرنىڭ كۈچلۈك پۇتلىرىنى ياكى چىشلىرىنى ۋە ياكى ئوۋچىلارنىڭ تورلىرىنى (9-ئايەت) كۆرسىتىشى مۇمكىن.
11:10 **«ئۇ يۈزىنى يېپىۋېلىپ، قارىمايدۇ»** ــ ياكى «ئۇ يۈزىنى يېپىپ قارىمايدۇ» ياكى «ئۇ يۈزىنى يوشۇرۇپ قارىمايدۇ»
**11:10** زەب. 5:64؛ 11:73؛ 7:94

ئىمانسىز ئەللەر بولسا پەرۋەردىگارنىڭ زېمىنىدىن يوقىلار.
17-18 پەرۋەردىگار، سەن ئاجىز مۆمىنلەرنىڭ ئارمانلىرىنى ئاڭلايسەن؛
ئۇلارنىڭ دىلىنى توق قىلىسەن؛
يېتىم-يېسىرلار ۋە ئېزىلگۈچىلەر ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلاپ،
يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئاجىز-مۆمىنلەرگە قايتىدىن ۋەھىمە سالغۇچى بولماسلىقى ئۈچۈن،
قۇلىقىڭنى دىلىڭ تۇتىسەن.

## 11-كۈي
## «قېنى، قاچامسەن؟»

11 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي:

پەرۋەردىگارنى باشپاناھىم قىلدىم؛
ئەمدى سىلەر قانداقمۇ ماڭا: «قۇشتەك ئۆز تېغىڭغا ئۇچۇپ قاچ!
[2] چۈنكى مانا، رەزىللەر كامانىنى تارتىپ،
قاراڭغۇلۇقتىن كۆڭلى دۇرۇسلارغا قارىتىپ ئاتماقچى بولۇپ،
ئۇلار ئوقىنى كىرىچقا سېلىپ قويىدى؛
[3] «ئۇللار ھالاك قىلىنسا،
ئەمدى ھەققانىيلار نېمىمۇ قىلار؟»» ــ دەۋاتىسەلەر؟

16:10 «ئىمانسىز ئەللەر بولسا پەرۋەردىگارنىڭ زېمىنىدىن يوقىلار» ــ ئىبرانىي تىلدا «ئەللەر» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ يولىنى رەت قىلىدىغان يات ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. «پەرۋەردىگارنىڭ زېمىنى» ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭ زېمىنى». خۇدانىڭ بۇ زېمىنى بولسا، ئىسرائىلغا مىراس قىلغان قانائان زېمىنى (پەلەستىن)دۇر.
16:10 زەب. 10:29؛ 1:93؛ 13:145؛ 10:146؛ يەر. 10:10؛ يىغ. 19:5؛ دان. 33:3؛ 27:6؛ 1تىم. 17:1
17-18:10 يەش. 1:57
3:11 «ئۇللار ھالاك قىلىنسا...» ــ «ئۇللار» جامائەتنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ ئۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

4 پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدىدۇر،
پەرۋەردىگارنىڭ تەختى ئاسمانلاردىدۇر؛
ئۇ نەزەر سالىدۇ،
ئۇنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى ئىنسان بالىلىرىنى كۆزىتىپ، سىنايدۇ.
5 پەرۋەردىگار ھەققانىي ئادەمنى سىنايدۇ؛
رەزىللەرگە ۋە زوراۋانلىقنى خۇشتارلارغا ئۇ ئىچ-ئىچىدىن نەپرەتلىنىدۇ.
6 ئۇ رەزىللەرگە قاپقانلار، ئوت ۋە گۈڭگۈرتنى ياغدۇرىدۇ؛
پىژغىرىم قىزىق شامال ئۇلارنىڭ قەدەھىدىكى نېسىۋىسى بولىدۇ.
7 چۈنكى پەرۋەردىگار ھەققانىيدۇر؛
ھەققانىيلىق ئۇنىڭ ئامرىقىدۇر؛
كۆڭلى دۇرۇسلار ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرىدۇ.

## 12-كۈي
## رەزىل دۇنيادىن ساقلاش

12 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، شېمىنىت بىلەن
ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: —

قۇتقۇزغايسەن، پەرۋەردىگار، چۈنكى ئىخلاسمەن ئادەم تۈگەپ كەتتى؛
ئادەملەر ئارىسىدىن سادىق مۆمىنلەر غايىب بولدى.
2 ھەربىرسى ئۆز يېقىنلىرىغا يالغان ئېيتىدۇ؛
خۇشامەتچى لەۋلەردە، ئالىكۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلىشىدۇ.

---

4:11 **«ئۇنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى ئىنسان بالىلىرىنى كۆزىتىپ، سىنايدۇ»** — «ئۇنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى» ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ كۆز قاپاقلىرى».
6:11 **«پىژغىرىم قىزىق شامال ئۇلارنىڭ قەدەھىدىكى نېسىۋىسى بولىدۇ»** — «ئۇلارنىڭ قەدەھىدىكى نېسىۋىسى» كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ.
1:12 **«شېمىنىت بىلەن ئوقۇلسۇن دەپ...»** — «شېمىنىت» بەلكىم، «سەككىز تارلىق ساز» ياكى «سەككىز نوتىلىق كۈي» دېگەن مەنىدە.

[3] پەرۋەردىگار بارلىق خۇشامەتچى لەۋلەرنى،
ھاكاۋۇرلارچە سۆزلەيدىغان تىلنى كېسىۋەتكەي!
[4] ئۇلار: «تىلىمىز بىلەن غەلىبە قىلىمىز؛
لەۋلىرىمىز بولسا ئۆزىمىزنىڭكىدۇر؛
كىم بىزگە رەب بولالىسۇن؟» ــ دەيدۇ.
[5] «ئېزىلگۈچى ئاجىزلارنى باسقان زۇلۇم ۋەجىدىن،
مىسكىنلەرنىڭ ئاھۇزارلىرى ۋەجىدىن،
ھازىرلا ئورنۇمدىن تۇراي» ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
«مەن ئۇلارغا، ئۇلار زارىقىپ كۈتكەن ئازادلىقنى يەتكۈزىمەن».
[6] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرى بولسا ساپ سۆزلەردۇر؛
ئۇلار يەتتە قېتىم ساپلاشتۇرۇلغان،
ساپال قازاندا تاۋلانغان كۈمۈشتەكتۇر.
[7] سەن پەرۋەردىگار، ئۇلارنى ساقلايسەن؛
سەن مۆمىنلەرنى مۇشۇ دەۋردىن مەڭگۈگە قوغدايسەن؛
[8] چۈنكى رەزىل ئادەملەر ھەرياندا غادىيىپ يۈرۈشىدۇ،
پەسكەشلىك ئىنسان بالىلىرى ئارىسىدا ئالىيجانابلىق دەپ ماختالماقتا!

## 13-كۈي
## قاچانغىچە، ئى پەرۋەردىگار؟

13 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: ــ

---

5:12 «مەن ئۇلارغا، ئۇلار زارىقىپ كۈتكەن ئازادلىقنى يەتكۈزىمەن» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلارنى «تۇفى!» دەپ مازاق قىلغۇچىلاردىن ئازاد قىلىمەن»

**6:12** 2سام. 31:22؛ زەب. 30:18؛ 8:19؛ 140:119؛ پەند. 5:30

7:12 «سەن پەرۋەردىگار، ئۇلارنى ساقلايسەن» ــ «ئۇلار» 5-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئېزىلگەنلەر» ۋە «مىسكىنلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

ئى پەرۋەردىگار، قاچانغىچە؟
سەن مېنى مەڭگۈگە ئۇنتۇمسەن؟
قاچانغىچە دىدارىڭنى مەندىن يوشۇرىسەن؟
2 قاچانغىچە ھەركۈنى قايغۇرۇپ، قەلبىمدە؟
قاچانغىچە دۈشمىنىم مەندىن شادلىنىپ غالىب يۈرىدۇ؟
3 ماڭا قارا، ماڭا جاۋاب بەرگىن، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم!
ئۆلۈم ئۇيقۇسى مېنى بېسىپ كەلگۈچە،
كۆزۈمنى يورۇتقايسەن،
4 دۈشمىنىمنىڭ: «مەن كۈچىيىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىم»
دېمەسلىكى ئۈچۈن،
رەقىبلىرىم سەنتۈرۈلگەنلىكىمنى كۆرۈپ شادلانماسلىقى ئۈچۈن،
كۆزۈمنى يورۇتقايسەن!
5 بىراق مەن بولسام سېنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭگە ئۆزۈمنى
تاپشۇردۇم؛
يۈرىكىم سېنىڭ نىجاتلىقىڭدىن شادلىنىدۇ؛
6 مەن پەرۋەردىگارغا ناخشا ئېيتىمەن؛
چۈنكى ئۇ ماڭا زور مېھرىبانلىقنى كۆرسەتتى.

## 14-كۈي
## قاراڭغۇ دۇنيا

14 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: —

ئەخمەق كىشى كۆڭلىدە: «ھېچبىر خۇدا يوق» — دەيدۇ.
ئۇلار چىرىكلىشىپ،
يىرگىنچلىك قەبىھلىكنى قىلىشتى؛

**ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېھرىبانلىق قىلغۇچى يوقتۇر؛**
**2 پەرۋەردىگار ئەرشتە تۇرۇپ، ئادەم باللىرىنى كۆزىتىپ:**
**«بۇ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئىنساپنى چۈشەنگەن بىرەرسى**
**بارمىدۇ؟**
**خۇدانى ئىزدەيدىغانلار بارمىدۇ؟**
**3 ھەممە ئادەم يولدىن چىقتى،**
**ھەممە ئادەم چىرىكلىشىپ كەتتى،**
**مېھرىبانلىق قىلغۇچى يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر.**
**4 ناننى يېگەندەك مېنىڭ خەلقىمنى يۇتۇۋالغان بۇ قەبىھلىك**
**قىلغۇچىلار ھېچنېمىنى بىلمەمدۇ؟» ــ دەيدۇ.**
**ئۇلار پەرۋەردىگارغا ھېچبىر ئىلتىجا قىلمايدۇ.**
**5 مانا ئۇلارنى غايەت زور قورقۇنچ باستى؛**
**چۈنكى خۇدا ھەققانىيلارنىڭ دەۋرىدىدۇر.**
**6 «سىلەر ئېزىلگەنلەرنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئۈمىدىنى يوق قىلماقچى**
**بولىسىلەر؛**
**بىراق پەرۋەردىگار ئۇنىڭ باشپاناھىدۇر!»**
**7 ئاھ، ئىسرائىلنىڭ نىجاتلىقى زىئوندىن چىقىپ كەلگەن بولسا**
**ئىدى!**
**پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى ئاسارەتتىن چىقىرىپ،**
**ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەن چاغدا،**
**ياقۇپ شادلىنىدۇ،**
**ئىسرائىل خۇشاللىنىدۇ!**

---

**1:14** زەب. 10:4؛ 53:1-3؛ رىم. 3:10

6:14 **«بىراق پەرۋەردىگار ئۇنىڭ باشپاناھىدۇر!»** ــ ياكى «چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭ باشپاناھىدۇر!». بىزنىڭچە «بىراق» توغرا كېلىدۇ ــ دېمەك، خۇدا ئۆز خەلقىنىڭ بوزەك قىلىنغىنىغا قاراپ، ئۇلارنى قوغلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «گەرچە پەرۋەردىگار ئۇنىڭ باشپاناھى بولسا!»

7:14 **«ئىسرائىل خۇشاللىنىدۇ!»** ــ «ئىسرائىل» توغرۇلۇق ــ ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» دېگەن قىسىمنى ئوقۇغان بولسا، ئېسىدە بولىدۇكى، خۇدا ھەزرىتى ياقۇپنىڭ

## 15-كۈي
## كىم خۇدا ئالدىدا تۇرالايدۇ؟

15 [1] داۋۇت يازغان كۈي: —

پەرۋەردىگار، كىم چېدىرىڭدا تۇرالايدۇ؟
كىم پاك-مۇقەددەس تېغىڭدا ماكانلىشىدۇ؟
[2] كىمكى تامامەن دۇرۇسلۇقتا ماڭسا،
ھەققانىيلىقنى يۈرگۈزسە،
كۆڭلىدە ھەقىقەتنى سۆزلىسە؛
[3] تىلى بىلەن گەپ توشۇمىسا،
ئۆز يېقىنىغا يامانلىق قىلمىسا،
قوشنىسىنىڭ ئەيىبىنى كولاپ ئاچمىسا،
[4] پەس ئادەمنى كۆزگە ئىلمىسا،
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىدىغانلارنى ھۆرمەتلىسە،
ئۆزىگە زىيانلىق بولغان تەقدىردىمۇ ئىچكەن قەسىمىنى ئۆزگەرتمىسە،
[5] پۇلنى خەقلەرگە ئۆسۈمگە بەرمىسە،
بىگۇناھلارنىڭ زىيىنىغا پارا ئالمىسا؛
كىمكى مۇشۇلارنى قىلسا،
مەڭگۈگە تەۋرەنمەس.

---

ئىسمىنى «ئىسرائىل»غا ئۆزگەرتكەن. يەھۇدىي خەلقى (ئىسرائىللار) ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا تەۋراتتىكى باشقا يەرلەردە ياكى زەبۇردا «ياقۇپ» ياكى «ئىسرائىل» ئادەتتە يەھۇدىيلار، يەنى ئىسرائىل خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر تېكىست ھەزرىتى ياقۇپ (ئىسرائىل)نىڭ ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولسا، ئىزاھات بېرىمىز.

**2:15** زەب. 4:24؛ يەش. 15:33

## 16-كۈي
## ئاخىرەتكىچە خۇداغا باغلىغان چەكسىز ئۈمىد

16 [1] داۋۇت يازغان «مىختام» كۈيى:

مېنى ساقلىغىن، ئى تەڭرى،
چۈنكى مەن ساڭا تايىنىمەن.
[2] مېنىڭ جېنىم پەرۋەردىگارغا: «سەن مېنىڭ رەببىمدۇرسەن؛
سەندىن باشقا مېنىڭ بەخت-سائادىتىم يوقتۇر» ــ دېدى.
[3] يەر يۈزىدىكى مۇقەددەس بەندىلىرىڭ بولسا،
ئۇلار ئالىيجانابلاردۇر،
ئۇلار مېنىڭ ھەممە خۇشاللىقىمدۇر.
[4] كىم باشقا ئىلاھنى ئىزدەشكە ئالدىرىسا،
ئۇلارنىڭ دەردلىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ.
غەيرىي ئىلاھلارغا ئاتاپ ھەدىيە قانلىرىنى تۆكمەيمەن،
ئۇلارنىڭناملىرىنى تىلىمغىمۇ ئالمايمەن.
[5] پەرۋەردىگار بولسا مېنىڭ مىراسىم ھەم قەدەھىمدىكى نېسىۋەمدۇر؛
چەك تاشلىنىپ ئېرىشكەن نېسىۋەمنى ئۆزۈڭ ساقلايسەن؛
[6] نېسىۋەمنى بەلگىلىگەن سىزىقلار ماڭا گۈزەل يەرلەرنى بېكىتكەندۇر؛

---

1:16 **«داۋۇت يازغان «مىختام» كۈيى»** ــ «مىختام» بەزى ئالىملارنىڭ پەرزىچە «ئۈنسىز دۇئا» ياكى «يوشۇرۇن گۆھەر» دېگەن مەنىدە.

2:16 **«سەندىن باشقا مېنىڭ بەخت-سائادىتىم يوقتۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى ــ «مېنىڭ ياخشىلىقىم (ھەرگىز) سېنىڭكىگە يەتمەيدۇ».

**2:16** ئايۇپ 2:22؛ 7:35؛ رىم. 35:11

5:16 **«پەرۋەردىگار بولسا مېنىڭ مىراسىم ھەم قەدەھىمدىكى نېسىۋەمدۇر»** ــ خۇدانىڭ «ئۆز خەلقىنىڭ مىراسى» بولغانلىقى توغرۇلۇق «يار.» 1:15، «چۆل.» 20:18، «زەب.» 26:73نى ۋە ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈڭ. **«چەك تاشلىنىپ ئېرىشكەن نېسىۋەمنى ئۆزۈڭ ساقلايسەن»** ــ ئىسرائىللار يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن قانائان (پەلەستىن) زېمىنىنى ئىگىلىگەن ۋاقىتدا، ھەر قەبىلىنىڭ، ھەر ئائىلىنىڭ تەئەللۇقى چەك تاشلاش بىلەن بېكىتىلگەن («يە.» 18-19-باب). مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان قانۇن بويىچە، بۇ تەئەللۇقات بولسا مەڭگۈگە مۇشۇ ئائىلە ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرۇلىدۇ.

**5:16** يىغ. 24:3

بەرھەق، مېنىڭ گۈزەل مىراسىم باردۇر!
7 ماڭا نەسىھەت بەرگەن پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر-مەدھىيە قايتۇرىمەن؛
ھەتتا كېچىلەردىمۇ ۋىجدانىم ماڭا ئۆگىتىدۇ.
8 مەن پەرۋەردىگارنى ھەردائىم كۆز ئالدىمدىن كەتكۈزمەيمەن؛
ئۇ ئوڭ يېنىمدا بولغاچقا،
مەن ھەرگىز تەۋرەنمەيمەن.
9 شۇڭا مېنىڭ قەلبىم شادلاندى،
مېنىڭ روھىم تېخىمۇ كۆتۈرۈلدۇ،
مېنىڭ تېنىم ئامان-ئېسەنلىكتە تۇرىدۇ؛
10 چۈنكى جېنىمنى تەھتىسارادا قالدۇرمايسەن،
شۇنداقلا سېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىڭنى چىرىشتىن ساقلايسەن.

---

6:16 **«نىسىۋەمنى بەلگىلىگەن سىزىقلار ماڭا گۈزەل يەرلەرنى بېكىتكەندۇر»** — يۇقىرىقى 5-ئايەتتىكى چەك بەلگىلىگەن جاي سىزىقلار بىلەن بېكىتىلگەن. داۋۇت بەلكىم مۇشۇ سۆزلەرنى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىپ: «ھاياتىم ۋە تۇرمۇشۇمنى ھەر جەھەتتىن خۇدا ياخشى بېكىتكەن» — دېمەكچى بولسا كېرەك.
7:16 **«ھەتتا كېچىلەردىمۇ ۋىجدانىم ماڭا ئۆگىتىدۇ»** — «ۋىجدانىم» ئىبرانىي تىلدا «بۆرەكلىرىم» دېگەن سۆز بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ.
8:16 روس. 25:2
9:16 **«مېنىڭ روھىم تېخىمۇ كۆتۈرۈلدۇ»** — «روھىم» ئىبرانىي تىلدا «شان-شەرىپىم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
10:16 **«چۈنكى جېنىمنى تەھتىسارادا قالدۇرمايسەن»** — تەۋرات ۋە ئىنجىل بويىچە، «دوزاخ» ياكى «جەھەننەم» پەقەتلا ئاخىرەت كۈنىدىن كېيىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ روھى بىر ئورۇنغا، يەنى «تەھتىسارا»غا بارىدۇ. مەسىھ ئەيسا كرېستكە مىخلانغاندىن كېيىن، «تەھتىسارا»دا چوڭ بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ يەردە بىز ئۇ توغرۇلۇق توختالمايمىز. بىراق مۇشۇ ئايەتتە، داۋۇت پەيغەمبەر «مەسىھ» (قۇتقۇزغۇچى)نىڭ كۆردە تۇرماي تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتقان. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ. **«سېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىڭ»** — مۇقەددەس كىتابتا، «مۇقەددەس» «ئۇلۇغ» ئەمەس، بەلكى «مۇتلەق پاك»، «خۇداغا خاس»، «پۈتۈنلەي خۇداغا ئاتالغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «مۇقەددەس بولغۇچىڭ» چوقۇم مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. **«سېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىڭنى چىرىشتىن ساقلايسەن»** — ئىبرانىي تىلدا «سېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىڭنى چىرىشنى كۆرگۈزمەيسەن». دېمەك، گۆرگە قويۇلغان بولسىمۇ، تېنى چىرىمايدۇ (تېز تىرىلدۈرۈلىدۇ).
10:16 روس. 31:2؛ 35:13

11 سەن ماڭا ھايات يولىنى كۆرسىتىسەن؛
ھۇزۇرۇڭدا تولۇپ تاشقان شاد-خۇراملىق باردۇر؛
ئوڭ قولۇڭدا مەڭگۈلۈك بەھرە-لەززەتلەرمۇ باردۇر.

## 17-كۈي
## تەكەببۇرلارنىڭ بىسىمىدىن قۇتقۇزغايسەن!

17
1 داۋۇتنىڭ دۇئاسى: ــ
ھەققانىي تەلەپنى ئاڭلا، ئى پەرۋەردىگار، مېنىڭ نىدايىمغا
كۆڭۈل قويغىن؛
مېنىڭ دۇئايىمغا قۇلاق سالغىن،
ئۇ يالغانچى لەۋلەردىن چىققان ئەمەس.
2 ھۇزۇرۇڭدىن ھۆكۈمۈم چىقىرىلغاي!
كۆزۈڭ نىمە دۇرۇس ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكەي!
3 سەن مېنىڭ قەلبىمنى سىنىغانسەن،
سەن كېچىدىمۇ ماڭا يېقىنلىشىپ كۆزەتتىڭ؛
سەن مېنى تاۋلاپ كۆزۈڭدىن كەچۈردىڭسەن،
مېنىڭدىن ھېچبىر سەۋەنلىك تاپالمىدىڭ؛
كۆڭلۈمدە: ئاغزىم ئىتائەتسىزلىك قىلمىسۇن! ــ دەپ نىيەت قىلدىم.
4 ئادەم باللىرىنىڭ ھاياتتىكى ئىشلىرىدا،
لەۋلىرىڭدىن چىققان سۆزلەر بىلەن زوراۋانلارنىڭ يوللىرىدىن ئۆزۈمنى
نېرى قىلدىم.
5 مېنىڭ قەدەملىرىم يوللىرىڭدىن چىقمىغان،
پۇتلىرىم تېيىلىپ كەتمىگەن.
6 مەن ساڭا ئىلتىجا قىلدىم،
چۈنكى تىلەكلىرىمنى ئىجابەت قىلىسەن، ئى تەڭرىم؛
ماڭا قۇلاق سالغىن،
سۆزلىرىمنى ئاڭلىغىن.

7 ئى، ئۆزۈڭگە تايانغانلارنى قارشى چىققۇچىلاردىن ئوڭ قولۇڭ بىلەن قۇتقۇزغۇچى،
كارامەتلىرىڭنى كۆرسىتىپ، ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى ئايان قىلغايسەن!
8 مېنى كۆز قارىچۇقۇڭدەك ساقلىغايسەن؛
قاناتلىرىڭ سايىسىدە مېنى يوشۇرغايسەن؛
9 مېنى بۇلىماقچى بولغان رەزىل ئادەملەردىن،
مېنى قورشىۋالغان ئەشەددىي كۈشەندىلىرىمدىن يوشۇرغىن؛
10 ئۇلارنىڭ باغرىنى ماي قاپلاپ، قېتىپ كەتكەن؛
ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى تەكەببۇرلارچە سۆزلەيدۇ؛
11 ئۇلار يولىمىزنى توربۇپلىپ،
بىزنى يەرگە ئۆرۈشقا كۆزىنى ئالايتىپ،
12 ئولجىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلگەن شىردەك،
يوشۇرۇن جايلاردا ماراپ يۈرىدىغان ياش شىردەكتۇر.
13 ئورنۇڭدىن تۇرغايسەن، ئى پەرۋەردىگار،
ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، يەر بىلەن يەكسان قىلغايسەن،
جېنىمنى رەزىل ئادەمدىن قۇتقۇزغىن، قىلىچىڭ بىلەن؛
14 مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن كىشىلەردىن،
يەنى مۇشۇ دەۋردىكى كىشىلەردىن قۇتقۇزغىن؛
ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى بولسا مۇشۇ دۇنيادىلادۇر؛
سەن ئۇلارنىڭ قارنىنى نېمەتلىرىڭ بىلەن تولدۇرىسەن؛
ئۇلارنىڭ كۆڭلى پەرزەنتلىرى بىلەن قاندى،

---

7:17 **«ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى ئايان قىلغايسەن!»** — «ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ» ئەسلىدە كۆپلۈك شەكلىدە «ئۆزگەرمەس مۇھەببەتلىرىڭلار».

10:17 **«ئۇلارنىڭ باغرىنى ماي قاپلاپ، قېتىپ كەتكەن...»** — بۇ ئىبارە ئۇلارنىڭ ئىنتايىن تەكەببۇرلۇقى، باشقىلارغا ھېچ كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقى، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

11:17 **«بىزنى يەرگە ئۆرۈشقا كۆزىنى ئالايتىپ،...»** — ياكى «مېنى يەرگە ئۆرۈشقا كۆزىنى ئالايتىپ،...».

بالىلىرىغا بايلىقلىرىنى قالدۇرىدۇ.
15 مەن بولسام، ھەققانىيلىقتا يۈزۈڭگە قارىغۇچى بولىمەن؛
ئويغانغىنىمدا، سېنىڭ دىدارىڭدىن سۆيۈنىمەن!

## 18-كۈي
## ئالەمچە قۇتقۇزۇش

18 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى داۋۇت يازغان كۈي؛ پەرۋەردىگار ئۇنى بارلىق دۈشمەنلىرىدىن ھەم سائۇل پادىشاھنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان كۈنى، ئۇ پەرۋەردىگارغا مۇنۇ كۈينىڭ سۆزلىرىنى ئېيتتى: —

ئاھ، پەرۋەردىگارىم، مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم،
مەن سېنى سۆيىمەن!
2 پەرۋەردىگار مېنىڭ خادا تېشىم، مېنىڭ قورغىنىم، مېنىڭ نىجاتكارىمدۇر!
مېنىڭ تەڭرىم، مېنىڭ قورام تېشىم، مەن ئۇنىڭدىن ھىمايە تاپىمەن؛
ئۇ مېنىڭ قالقىنىم، مېنىڭ قۇتقۇزغۇچى مۈڭگۈزۈم، مېنىڭ ئېگىز مۇنارىمدۇر!
3 مەدھىيىلەرگە لايىق پەرۋەردىگارغا نىدا قىلىمەن،
شۇندا دۈشمەنلىرىمدىن قۇتقۇزۇلىمەن؛
4 ئۆلۈمنىڭ ئاسارەتلىرى مېنى قورشىۋالدى،
ئىخلاسسىزلارنىڭ يامراپ كېتىشى مېنى قورقۇتۇۋەتتى؛

---

15:17 «...ئويغانغىنىمدا، سېنىڭ دىدارىڭدىن سۆيۈنىمەن!» — «ئويغانغىنىمدا» ئۆلۈمدىن ئويغىنىپ، تىرىلگەندە، دېمەك.
2:18 «مېنىڭ قۇتقۇزغۇچى مۈڭگۈزۈم» — ئىبرانىي تىلىدا «نىجاتلىقىمنىڭ مۈڭگۈزى».
4:18 «ئىخلاسسىزلارنىڭ يامراپ كېتىشى مېنى قورقۇتۇۋەتتى» — ئىبرانىي تىلىدا «ئىخلاسسىزلارنىڭ قىيان-تاشقىنلىرى مېنى قورقۇتۇۋەتتى».

5 تەھتىسارانىڭ تانىلىرى مېنى چىرمىۋالدى،
ئۆلۈم سىرتماقلىرى ئالدىمغا كەلدى.
6 قىينالغىنىمدا مەن پەرۋەردىگارغا نىدا قىلدىم،
خۇدايىمغا پەرياد كۆتۈردۇم؛
ئۇ ئىبادەتخانىسىدىن ئاۋازىمنى ئاڭلىدى،
مېنىڭ پەريادىم ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى،
ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى.
7 شۇ چاغ يەر-زېمىن تەۋرەپ، سىلكىنىپ كەتتى،
تاغلارنىڭ ئۇللىرى دەھشەتلىك تەۋرەندى، سىلكىنىپ كەتتى؛
چۈنكى ئۇ غەزەپلەندى.
8 ئۇنىڭ دىمىغىدىن ئىس ئۆرلەپ تۇراتتى،
ئاغزىدىن چىققان ئوت ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى؛
ئۇنىڭدىن كۆمۈر چوغلىرى چىقتى؛
9 ئۇ ئاسمانلارنى تەزىم قىلدۇرۇپ چۈشتى،
پۇتى ئاستى تۇم قاراڭغۇلۇق ئىدى.
10 بىر كېرۇبنى مىنىپ پەرۋاز قىلدى،
شامالنىڭ قاناتلىرىدا غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كەلدى.
11 ئۇ قاراڭغۇلۇقنى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنىدىغان جايى قىلدى،
سۇلارنىڭ قاراڭغۇسىنى،
ئاسمانلارنىڭ قويۇق بۇلۇتلىرىنى،
ئۆز ئەتراپىدا چېدىرى قىلدى.

---

7:18 **«...تاغلارنىڭ ئۇللىرى دەھشەتلىك تەۋرەندى، سىلكىنىپ كەتتى؛ چۈنكى ئۇ غەزەپلەندى...»** ــ بۇ كۈيدىكى سۆزلەر تەدرىجىي ھالدا داۋۇتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن ئايرىلىپ، داۋۇتنىڭ بولغۇسى ئەۋلادى مەسىھنىڭ ھاياتىغا ئۆتىدۇ. كۈيدە مەسىھنىڭ ھاياتى، جاپا-مۇشەققەت تارتىدىغانلىقى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ شان-شەرەپكە ئېرىشىدىغانلىقى ۋە پۈتكۈل ئالەمگە پادىشاھ بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. دېمەك، بۇ كۈينىڭ ئۆزى ئۇلۇغ بىر بېشارەتتۇر.
8:18 **«ئۇنىڭدىن كۆمۈر چوغلىرى چىقتى»** ــ ياكى «ئۇنىڭدىن كۆمۈر چوغلىرى تۇتاشتۇرۇلدى»
10:18 **«بىر كېرۇبنى مىنىپ پەرۋاز قىلدى»** ــ «كېرۇب» ئىنتايىن كۈچلۈك بىرخىل قاناتلىق پەرىشتە. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

12 ئۇنىڭ ئالدىدىكى يورۇقلۇقتىن،
قويۇق بۇلۇتلار، مۆلدۈر، ئوتلۇق چوغلار چىقىپ ئۆتتى؛
13 پەرۋەردىگار ئاسماندا گۈلدۈرلىدى؛
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى ئاۋازىنى ياڭراتتى،
مۆلدۈر ۋە ئوتلۇق چوغلار بىلەن.
14 بەرھەق، ئۇ ئوقلىرىنى ئېتىپ، دۈشمەنلىرىمنى تارقىتىۋەتتى؛
چاقماقلارنى چاقتۇرۇپ، ئۇلارنى قىيقاس-چۇقانغا سالدى؛
15 شۇنىڭ بىلەن دېڭىزلارنىڭ تەكتى كۆرۈنۈپ قالدى،
ئالەمنىڭ ئۇللىرى ئاشكارىلاندى،
تەنبىھىڭ بىلەن،
دىمىغىڭدىن چىققان نەپەسنىڭ زەربىسى بىلەن، ئى پەرۋەردىگار.

16 ئۇ يۇقىرىدىن قولىنى ئۇزىتىپ، مېنى تۇتتى؛
مېنى ئۇلۇغ سۇلاردىن تارتىپ ئالدى.
17 ئۇ مېنى كۈچلۈك دۈشمىنىمدىن،
ھەم ماڭا ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلاردىن قۇتقۇزدى؛
چۈنكى ئۇلار مەندىن كۈچلۈك ئىدى.
18 كۈلپەتكە ئۇچرىغان كۈنۈمدە، ئۇلار ماڭا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى؛
بىراق پەرۋەردىگار مېنىڭ تايانچىم ئىدى.
19 ئۇ مېنى كەڭرى-ئازادە بىر جايغا ئېلىپ چىقاردى؛
ئۇ مېنى قۇتقۇزدى، چۈنكى ئۇ مەندىن خۇرسەن بولدى.
20 پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمغا قاراپ ماڭا ئىلتىپات كۆرسەتتى؛
قولۇمنىڭ ھالاللىقىنى ئۇ ماڭا قايتۇردى؛
21 چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ يوللىرىنى تۇتۇپ كەلدىم؛
رەزىللىك قىلىپ خۇدايىمدىن ئايرىلىپ كەتمىدىم؛
22 چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى ئالدىمدىدۇر؛

14:18 **«ئۇ ئوقلىرىنى ئېتىپ، دۈشمەنلىرىمنى تارقىتىۋەتتى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇ ئوقلىرىنى ئېتىپ، ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى». 17-ئايەتنى كۆرۈڭ.

مەن ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلمىدىم؛
23 مەن ئۇنىڭ بىلەن غۇبارسىز يۈردۈم،
ئۆزۈمنى گۇناھتىن نېرى قىلدىم؛
24 شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمغا قاراپ،
كۆز ئالدىدىكى قولۇمنىڭ ھالاللىقىغا قاراپ، قىلغانلىرىمنى قايتۇردى.
25 ۋاپادار-مېھرىبانلارغا ئۆزۈڭنى ۋاپادار-مېھرىبان كۆرسىتىسەن؛
غۇبارسىزلارغا ئۆزۈڭنى غۇبارسىز كۆرسىتىسەن؛
26 ساپ دىللىقلارغا ئۆزۈڭنى ساپ دىللىق كۆرسىتىسەن؛
تەتۈرلەرگە ئۆزۈڭنى تەتۈر كۆرسىتىسەن؛
27 چۈنكى ئاجىز مۆمىن خەلقنى قۇتقۇزغۇچى ئۆزۈڭدۇرسەن؛
بىراق تەكەببۇر كۆزلەرنى شەرمەندە قىلىسەن؛
28 چىرىغىمنى جۇلالىق قىلغان سەندۇرسەن؛
پەرۋەردىگار خۇدايىم مېنى باسقان قاراڭغۇلۇقنى نۇرلاندۇرىدۇ؛
29 چۈنكى سەن ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇنى ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتۇم؛
سەن خۇدايىم ئارقىلىق مەن سېپىلدىن ئاتلاپ ئۆتتۇم.
30 تەڭرىم ــ ئۇنىڭ يولى مۇكەممەلدۇر؛
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى سىناپ ئىسپاتلانغاندۇر؛
ئۇ ئۆزىگە تايانغانلارنىڭ ھەممىسىگە قالقاندۇر.
31 چۈنكى پەرۋەردىگاردىن باشقا يەنە كىم ئىلاھتۇر؟
بىزنىڭ خۇدايىمىزدىن باشقا كىممۇ قورام تاشتۇر؟
32 يەنى بېلىمنى كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن ئورىغۇچى تەڭرى،
يولۇمنى تۈپتۈز، مۇكەممەل قىلغۇچى تەڭرىدۇر؛

---

24:18 **«پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمغا قاراپ، كۆز ئالدىدىكى قولۇمنىڭ ھالاللىقىغا قاراپ، قىلغانلىرىمنى قايتۇردى»** ــ شۇبھىسىزكى، مۇشۇ 19-24-ئايەتلەردە مەسىھنىڭ پاك-غۇبارسىزلىقى، گۇناھسىزلىقى بېشارەت قىلىنىدۇ. داۋۇت ئۆزى توغرۇلۇق بۇ سۆزلەرنى ھەرگىز دېيەلمەيتتى. مەسىلەن، 25-كۈي، 7-ئايەت ۋە 51-كۈينى كۆرۈڭ.

29:18 **«سەن ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇنى ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتۇم»** ــ «يۈگۈرۈپ ئۆتتۇم» دېگەن سۆزلەر «بۆسۈپ ئۆتتۇم» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

33 ئۇ مېنىڭ پۇتلىرىمنى كېيىكنىڭكىدەك ئۇچقۇر قىلىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن مېنى ئېگىز جايلىرىمدا تۇرغۇزىدۇ؛
34 قوللىرىمنى ئۇرۇش قىلىشقا ئۆگىتىدۇ،
شۇڭلاشقا بىلەكلىرىم مىس كامانىنى كېرەلەيدۇ؛
35 سەن ماڭا نىجاتلىقىڭ بولغان قالقاننى ئاتا قىلدىڭ،
نېنىڭ ئوڭ قولۇڭ مېنى يۆلىدى؛
سېنىڭ مۇلايىم كەمتەرلىكىڭ مېنى ئۇلۇغ قىلدى.
36 سەن قەدەملىرىم ئاستىدىكى جاينى كەڭ قىلدىڭ،
مېنىڭ پۇتلىرىم تېيىلىپ كەتمىدى.
37 مەن دۈشمەنلىرىمنى قوغلاپ يەتتىم؛
ئۇلار هالاك بولمىغۇچە ھېچ يانمىدىم.
38 قايتىدىن ئورنىدىن تۇرالماس قىلىپ ئۇلارنى يانجىۋەتتىم،
ئۇلار پۇتلىرىم ئاستىدا يىقىلدى.
39 سەن جەڭ قىلىشقا كۈچ بىلەن بېلىمنى باغلىدىڭ؛
سەن ماڭا ھۇجۇم قىلغانلارنى پۇتۇم ئاستىدا ئېگىلدۈردۈڭ؛
40 دۈشمەنلىرىمنى كۆز ئالدىمدا ئارقىسىغا ياندۇرۇپ قاچقۇزدۇڭ،
شۇنىڭ بىلەن ماڭا ئۆچمەنلەرنى يوقاتتىم.
41 ئۇلار پەرياد كۆتۈردى، بىراق قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى؛
ھەتتا پەرۋەردىگارغا نىدا قىلدى، ئۇمۇ ئۇلارغا جاۋاب بەرمىدى.
42 مەن ئۇلارغا سوققا بېرىپ، شامال ئۇچۇرغان توپىدەك قىلىۋەتتىم؛
كوچىدىكى پاتقاقتەك، ئۇلارنى تۆكۈۋەتتىم.
43 سەن مېنى خەلقنىڭ نىزالىرىدىن قۇتقۇزغانسەن؛
سەن مېنى ئەللەرنىڭ بېشى قىلغانسەن؛
ماڭا يات بولغان بىر خەلق خىزمىتىمدە بولماقتا.
44 سۆزۈمنى ئاڭلاپلا ئۇلار ماڭا ئىتائەت قىلىدۇ؛
يات ئەلدىكىلەر ماڭا بېچارىلەرچە تەسلىم بولىدۇ؛

---

43:18 **«سەن مېنى خەلقنىڭ نىزالىرىدىن قۇتقۇزغانسەن»** — شۈبھىسىزكى، مۇشۇ بېشارەتتە ئېيتىلغان «خەلق» داۋۇت پادىشاھنىڭ ئۆز قوۋمى بولغان يەھۇدىي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ.

45 يات ئەلدىكىلەر چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ؛
ئۇلار ئۆز ئىستىھكاملىرىدىن تىترىگەن ھالدا چىقىپ كېلىدۇ؛
46 پەرۋەردىگار ھاياتتۇر!
مېنىڭ قورام تېشىم مۇبارەكلەنسۇن!
نىجاتلىقىم بولغان خۇدا ھەممىدىن ئالىيدۇر، دەپ مەدھىيىلەنسۇن!
47 ئۇ، مەن ئۈچۈن تولۇق قىساس ئالغۇچى تەڭرى،
خەلقلەرنى ماڭا بويسۇندۇرغان خۇدادۇر؛
48 ئۇ مېنى دۈشمەنلىرىمدىن قۇتقۇزغان؛
بەرھەق، سەن مېنى ماڭا ھۇجۇم قىلغانلاردىن يۇقىرى كۆتۈردۈڭ؛
زوراۋان ئادەمدىن سەن مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ.
49 شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەللەر ئارىسىدا ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن، ئى پەرۋەردىگار؛
نامىڭنى ئۇلۇغلاپ كۈيلەرنى ئېيتىمەن؛
50 پەرۋەردىگار ئۆزى تىكلىگەن پادىشاھقا زور نۇسرەتلەرنى بېغىشلايدۇ؛
ئۆزى مەسىھ قىلغىنىغا،
يەنى داۋۇتقا ھەم ئۇنىڭ نەسلىگە مەڭگۈگە ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدۇ.

## 19-كۈي
## ئالەم ھەم تەۋرات خۇدانىڭ شەرىپىدۇر!

19 1 داۋۇت يازغان كۈي: —

ئەرشلەر تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى جاكارلايدۇ،
ئاسمان گۈمبىزى ئۇنىڭ قولى ياسىغانلىرىنى نامايان قىلىدۇ؛

50:18 «ئۆزى مەسىھ قىلغىنىغا، *يەنى داۋۇتقا ھەم ئۇنىڭ نەسلىگە...» — «مەسىھ قىلغىنى» يەنى «مەسىھ» توغرۇلۇق 2-كۆيدىكى ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

2 ئۇلارنىڭ سۆزلىرى كۆن-كۈنلەر دەريادەك ئېقىۋاتىدۇ؛
كېچە-كېچىلەپ ئۇلار بىلىمنى ئايان قىلىۋاتىدۇ.
3 تىلسىز ھەم ئاۋازسىز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ساداسى ئالەمگە
ئاڭلانماقتا.
4 ئۇلارنىڭ ئۆلچەم تانىسى پۈتكۈل يەر يۈزىدە تارتىلماقتا؛
ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئالەمنىڭ چېتىگىچە يەتمەكتە.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە خۇدا قۇياش ئۈچۈن چېدىر تىككەن،
5 قۇياش ھۇجرىسىدىن تويغا چىققان يىگىتتەك چىقىدۇ،
بەيگىگە چۈشىدىغان پالۋاندەك شادلىنىدۇ؛
6 ئاسمانلارنىڭ بىر چېتىدىن ئۆرلەيدۇ،
جاھاننىڭ ئۇ چېتىگىچە چۆرگىلەيدۇ،
ئۇنىڭ ھارارىتىدىن ھېچقانداق مەخلۇقات يوشۇرۇنالمايدۇ.
7 پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات-قانۇنى مۇكەممەلدۇر،
ئۇ ئىنسان ۋۇجۇدىنى يېڭىلايدۇ؛
پەرۋەردىگار بەرگەن ھۆكۈم-گۇۋاھلار مۇقىم-ئىشەنچلىك ،

2:19 **«ئۇلارنىڭ سۆزلىرى كۆن-كۈنلەر دەريادەك ئېقىۋاتىدۇ»** — «ئۇلار» ئەرشلەر ۋە ئاسمان گۈمبىزىنى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇلارنىڭ سۆزلىرى كۆن-كۈنلەر دەريادەك ئېقىۋاتىدۇ؛ كېچە-كېچىلەپ ئۇلار بىلىمنى ئايان قىلىۋاتىدۇ»** — ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «كۈن باشقا بىر كۈنگە گەپلىرىنى تۆكىدۇ، كېچە باشقا بىر كېچىگە سۆز قىلماقتا».

3:19 **«تىلسىز ھەم ئاۋازسىز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ساداسى ئالەمگە ئاڭلانماقتا»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئالەمدە ھەرقانداق بىر تىل ئۇلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدۇ».

4:19 **«ئۇلارنىڭ ئۆلچەم تانىسى پۈتكۈل يەر يۈزىدە تارتىلماقتا»** — بۇ «ئۆلچەم تانىسى» بەلكىم ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر-ئويلىرىنى ئۆلچىگۈچى بولۇشى مۇمكىن.

**4:19** رىم. 18:10

**5:19** توپ. 5:1

ئۇ نادانلارنى دانا قىلىدۇ.
8 پەرۋەردىگارنىڭ كۆرسەتمىلىرى دۇرۇس،
ئۇ قەلبنى شادلاندۇرىدۇ؛
پەرۋەردىگارنىڭ پەرمانلىرى يورۇقلۇقتۇر،
ئۇ كۆزلەرنى نۇرلاندۇرىدۇ.
9 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش پاك ئىشتۇر، ئۇ مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ؛
پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈملىرى ھەقتۇر،
ھەربىرى تامامەن ھەققانىيەتتۇر.
10 ئۇلار ئالتۇندىن، بەرھەق كۆپ ساپ ئالتۇندىن قىممەتلىكتۇر؛
ھەسەلدىن، ھەسەل جەۋھىرىدىن شېرىندۇر؛
11 ئۇلار بىلەن قۇلۇڭ ئويغىتىلىدۇ؛
ئىنسان ئۇلارغا رىئايە قىلىشتا چوڭ تۇرسا چوڭ مۇكاپات باردۇر.
12 كىم ئۆز خاتالىقلىرىنى بىلىپ يېتەلىسۇن؟
مېنى بىلىپ-بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىمدىن ساقىت قىلغايسەن؛
13 ئۆز قۇل-چاكارىڭنى باشباشتاق گۇناھلاردىن تارتقايسەن؛
بۇ گۇناھلارنى ماڭا خوجايىن قىلدۇرمىغايسەن؛
شۇنىڭ بىلەن مەن قۇسۇرسىز بولىمەن،
ئېغىر گۇناھتىن خالىي بولغايمەن.

---

7:19 **«پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات-قانۇنى مۇكەممەلدۇر»** — «تەۋرات-قانۇن» توغرۇلۇق: «تەۋرات» (توراھ) ئىبرانىي تىلى بولۇپ، مۇشۇ يەردە «قانۇن، تەلىم، يوليورۇق» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «تەۋرات قانۇنى» دېگەن ئىبارە ئادەتتە مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن تەۋراتتىكى «يارىتىلىش»، «مىسىردىن چىقىش»، «لاۋىيلار» «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» ھەم «قانۇن شەرھى» دېگەن ئالدىنقى بەش قىسمىنىڭ قانۇن-پەرمانلىق مەزمۇنىنى كۆرسىتىدۇ.

**7:19** 2سام. 31:22؛ زەب. 30:18

8:19 **«پەرۋەردىگارنىڭ پەرمانلىرى يورۇقلۇقتۇر»** — ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ پەرمانلىرى روشەندۇر» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ پەرمانلىرى پاكتۇر».

**10:19** زەب. 119:127،103،72؛ پەند. 8:11

14 ئى پەرۋەردىگار، مېنىڭ قورام تېشىم ۋە ھەمجەمەت-نىجاتكارىم،
ئاغزىمدىكى سۆزلەر، قەلبىمدىكى ئويلىنىشلار نەزىرىڭدە مەقبۇل
بولغاي!

## 20-كۈي
## ئىسرائىل خەلقى خۇدا مەسىھ قىلغان
## پادىشاھنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ

20 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت
يازغان كۈي: —

كۈلپەتلىك كۈنىدە پەرۋەردىگار ساڭا ئىجابەت قىلغاي!
ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ نامى سېنى ئېگىزدە ئامان ساقلىغاي!
2 ئۇ ئۆز مۇقەددەس جايىدىن ساڭا مەدەت ئەۋەتكەي،
زىئوندىن ساڭا كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەي؛
3 بارلىق ئاشلىق ھەدىيەلىرىڭنى ياد قىلغاي،

14:19 «ئى پەرۋەردىگار، مېنىڭ قورام تېشىم ۋە ھەمجەمەت-نىجاتكارىم» — «ھەمجەمەت-نىجاتكار» ياكى «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» توغرۇلۇق: — ئىبرانىي تىلدا «گوئېل» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بار. بىرسى كەمبەغەل بولۇپ، ئۆزىنى قۇللۇققا سېتىۋەتكەن بولسا ياكى باشقا قىيىن ئەھۋالغا ئۇچراپ مال-مۈلۈكىنى ساتقان بولسا، مۇسا پەيغەمبەر تاپشۇرۇۋالغان قانۇنغا ئاساسەن، مۇشۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ھەمجەمەتلىرى بۇ كىشىنى ھۆرلۈككە چىقىرىپ قۇتقۇزۇش ھوقۇقى بار ئىدى. دېمەك، «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» ئۆز قېرىندىشىنى ھۆر قىلماقچى بولسا، ئۇنى قۇتقۇزالايتتى. ھوقۇقنى ئىشلىتىش «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»نىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولاتتى، ئەلۋەتتە. بىرسى ئۆز ئۇرۇق-تۇغقىنىغا «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» بولۇپ ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولسا، ھېچكىم ئۇنى توسالمايتتى.
—شۇڭا پەيغەمبەرلەر خۇدانىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن پات-پات دەل مۇشۇ سۆزنى ئىشلىتىدۇ. دېمەك، خۇدا ئۆز بەندىسىگە ياكى خەلقىگە «ھەمجەمەت»لىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ «گوئېل»ى، يەنى «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»سى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇشى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن، ئەلۋەتتە!
1:20 **«ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ نامى سېنى ئېگىزدە ئامان ساقلىغاي!»** — «ياقۇپنىڭ خۇداسى» دېگەن مۇشۇ ئىبارىدە «ياقۇپ» ھەم ھەزرىتى ياقۇپنىڭ ئۆزىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن چىققان ئىسرائىل خەلقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلغاي!**
**سېلاھ!**
**4 كۆڭلۈڭدىكى تەشنالىقلارنى ساڭا ئاتا قىلغاي،**
**كۆڭلۈڭگە پۈككەن بارلىق ئارزۇلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغاي.**
**5 بىزلەر غەلىبەڭنى تەبرىكلەپ تەنتەنە قىلىمىز،**
**خۇدايىمىزنىڭ نامىدا تۇغلىرىمىزنى تىكلەيمىز؛**
**پەرۋەردىگار بارلىق تەلەپلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغاي!**
**ھازىر بىلدىمكى، پەرۋەردىگار ئۆزى مەسىھ قىلغىنىنى قۇتقۇزىدۇ؛**
**مۇقەددەس ئەرشلىرىدىن ئۇنىڭغا قۇدرەتلىك قۇتقۇزغۇچى قولىنى ئۇزارتىپ جاۋاب بېرىدۇ.**
**6 ھازىر بىلدىمكى، پەرۋەردىگار ئۆزى مەسىھ قىلغىنىنى قۇتقۇزىدۇ؛**
**مۇقەددەس ئەرشلىرىدىن ئۇنىڭغا قۇدرەتلىك قۇتقۇزغۇچى قولىنى ئۇزارتىپ جاۋاب بېرىدۇ.**
**7 بەزىلەر جەڭ ھارۋىلىرىغا، بەزىلەر ئاتلارغا تايىنىدۇ؛**
**بىراق بىز بولساق پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ نامىنى ياد ئېتىمىز؛**
**8 ئۇلار تىزى پۈكلىنىپ يىقىلدى؛**
**بىراق بىز بولساق، قەددىمىزنى رۇسلاپ تىك تۇرىمىز.**
**9 ئى پەرۋەردىگار، پادىشاھقا غەلىبە بەرگەيسەن؛**
**نىدا قىلغىنىمىزدا بىزگە ئىجابەت قىلغايسەن!**

6:20 **«پەرۋەردىگار ئۆزى مەسىھ قىلغىنى»** ــ يەنى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى؛ مۇشۇ يەردە داۋۇتنى كۆرسىتىدۇ. بىراق شۈبھىسىزكى، بۇ كۆيي بىر بېشارەت بولۇپ، كەلگۈسىدىكى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىمۇ كۆرسىتىدۇ. 2-كۆيدىكى ئىزاھاتلارنى ۋە «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.
9:20 **«ئى پەرۋەردىگار، پادىشاھقا غەلىبە بەرگەيسەن؛ نىدا قىلغىنىمىزدا بىزگە ئىجابەت قىلغايسەن!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ
—«ئى پەرۋەردىگار، غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەيسەن!
—بىز نىدا قىلغان كۈندە پادىشاھ بىزگە جاۋاب بەرگەي!»

## 21-كۈي
## خۇدا تىكلىگەن پادىشاھ توغرۇلۇق بىر كۈي

21 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت
يازغان كۈي: —

پادىشاھ قۇدرىتىڭدىن شادلىنىدۇ، ئى پەرۋەردىگار؛
غەلىبە-نىجاتلىقىڭدىن ئۇ نەقەدەر خۇرسەن بولىدۇ!
[2] سەن ئۇنىڭ كۆڭۈل تىلىكىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدىڭ،
لەۋلىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان ئەمەسسەن.
سېلاھ!
[3] چۈنكى سەن ئېسىل بەرىكەتلەر بىلەن ئۇنى قارشى ئالدىڭ؛
ئۇنىڭ بېشىغا ساپ ئالتۇن تاج كىيدۈردۈڭ.
[4] ئۇ سەندىن ئۆمۈر تىلىسە، سەن ئۇنىڭغا بەردىڭ،
يەنى ئۇزۇن كۈنلەرنى، تاكى ئەبەدىلئەبەدگىچە بەردىڭ.
[5] ئۇ سېنىڭ بەرگەن غەلىبە-نىجاتلىقىڭدىن زور شەرەپ قۇچتى؛
سەن ئۇنىڭغا ئىززەت-ھەيۋەت ھەم شانۇ-شەۋكەت قوندۇردۇڭ.
[6] سەن ئۇنىڭ ئۆزىنى مەڭگۈلۈك بەرىكەتلەر قىلدىڭ؛
دىدارىڭنىڭ شادلىقى بىلەن ئۇنى زور خۇرسەن قىلدىڭ؛
[7] چۈنكى پادىشاھ پەرۋەردىگارغا تايىنىدۇ؛
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى بىلەن ئۇ ھېچ
تەۋرەنمەيدۇ.
[8] سېنىڭ قولۇڭ بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى تېپىپ، ئاشكارە قىلىدۇ؛

---

21:6 «سەن ئۇنىڭ ئۆزىنى مەڭگۈلۈك بەرىكەتلەر قىلدىڭ» — بۇ سۆز بەلكىم داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان، كەلگۈسىدىكى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئىبراھىمغا بەرگەن ئەڭ ئۇلۇغ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇ ۋەدە: «سەن ئۆزۈڭ باشقىلارغا بەخت-بەرىكەت بولىسەن ... سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە ۋە قەبىلىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىدۇ» دېيىلىدۇ («يار.» 12:1-3دە خاتىرىلەنگەن).
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك بەرىكەتلەرنى بېكىتتىڭ».

ئوك قولۇڭ ساڭا ئۆچمەنلىك قىلغانلارنى تېپىپ ئاشكارە قىلىدۇ؛
[9] سېنىڭ دىدارىڭ كۆرۈنگەن كۈندە، ئۇلارنى يالقۇنلۇق خۇمدانغا
سالغاندەك كۆيدۈرىسەن؛
پەرۋەردىگار دەرغەزەپ بىلەن ئۇلارنى يۇتۇۋېتىدۇ؛
ئوت ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىدۇ.
[10] ئۇلارنىڭ تۇخۇمىنى جاھاندىن،
نەسىللىرىنى كىشىلىك دۇنيادىن قۇرۇتىسەن؛
[11] چۈنكى ئۇلار ساڭا يامانلىق قىلىشقا ئۇرۇندى؛
ئۇلار رەزىل بىر نەيرەڭنى ئويلاپ چىققىنى بىلەن،
ئەمما غەلىبە قىلالمىدى.
[12] چۈنكى سەن ئۇلارنى كەينىگە بۇرۇلۇشقا مەجبۇر قىلىدىڭ؛
سەن ئۇلارنىڭ يۈزىگە قاراپ ئوقيايىڭنى چەنلەيسەن.
[13] ئى پەرۋەردىگار، ئۆز كۈچۈڭ بىلەن ئۇلۇغلۇقۇڭنى نامايان قىلغايسەن؛
شۇنىڭ بىلەن بىز ناخشا ئېيتىپ قۇدرىتىڭنى مەدھىيىلەيمىز.

## 22-كۈي

## ئەڭ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتتە قىلغان دۇئا بېشارەتلىك كۈي

### 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

22 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «ئايجەلەت-خاشلاھار» (تاڭ سەھەردە كەلگەن مەدەت) دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: ــ

«ئاھ ئىلاھىم، ئىلاھىم، نېمىشقا مەندىن ۋاز كەچتىڭ؟

8:21 «سېنىڭ قولۇڭ بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى تېپىپ، ... ئوك قولۇڭ ساڭا ئۆچمەنلىك قىلغانلارنى تېپىپ ئاشكارە قىلىدۇ...» ــ 8-ئايەتتىن باشلاپ، بېشارەتلىك سۆزلەر بىۋاستە پادىشاھقا ئېيتىلغان بولسا كېرەك. روشەنكى، بۇ ئايەتلەر پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان، كەلگۈسىدىكى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

سەن نېمىشقا مېنى قۇتقۇزۇشتىن شۇنچە يىراقسەن؟
نېمىشقا قاتتىق پەريادلىرىمدىن شۇنچە يىراق تۇرىسەن،
2 خۇدايىم، كۈندۈزدە نىدا قىلدىم، لېكىن سەن ھېچ جاۋاب قىلمايسەن؛
كېچىدىمۇ مەن شۇنداق پەرياد قىلىشتىن ئارام ئالالمايمەن.
3 بىراق ئى ئىسرائىلنىڭ مەدھىيىلىرىنى ئۆز ماكانىڭ قىلغۇچى،
سەن دېگەن پاك-مۇقەددەستۇرسەن!
4 ئاتا-بوۋىلىرىمىز سېنى تايانچى قىلغان،
ئۇلار ساڭا تايانغان، سەن ئۇلارنى قۇتقۇزغان.
5 ئۇلار ساڭا نىدا قىلىشلىرى بىلەن قۇتۇلغان؛
ساڭا تايىنىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈمىدى ھېچ يەردە قالغان ئەمەس.
6 بىراق مەن بولسام ئادەم ئەمەس، بىر قۇرتمەن،
ئىنسان تەرىپىدىن تۆھمەت بىلەن رەسۋايىئالەم قىلىنغانمەن،
خالايىق تەرىپىدىن كەمسىتىلگەنمەن.

---

1:22 **«ئىزاھات»** — داۋۇت پەيغەمبەر ھاياتىدا نۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ كۈيدە ئېيتىلغان شۇنچىۋالا ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقان ئەمەس. شۇڭا شۈبھىسىزكى، داۋۇت ئۆزىدىن كېيىنكى بىرسىنىڭ تارتىدىغان ئازابلىرىنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. ئوقۇرمەنلەر بۇ ئازابلارنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى توغرۇلۇق ئۆزلىرى خۇلاسىگە كەلسۇن. **««ئايجەلەت-خاششاھار» تاك سەھەردە كەلگەن مەدەت»** — بەزى ئالىملار: «تاڭ سەھەردىكى چىشى جەرەن» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ بەلكىم كۈينىڭ تېمىسىنىڭ ھەم ئۇنىڭ ئاھاڭىنىڭ نامى بولسا كېرەك.

**1:22** مات. 46:27؛ مار. 34:15

**2:22** **«كېچىدىمۇ مەن شۇنداق پەرياد قىلىشتىن ئارام ئالالمايمەن»** — ياكى «كېچىدىمۇ مەن پەرياد قىلسام، بىراق ئارام تاپمايمەن»

**2:22** مات. 45:27

**5:22** زەب. 2:25-3؛ 1:31؛ يەش. 23:49؛ رىم. 33:9

6:22 **«مەن بولسام ئادەم ئەمەس، بىر قۇرتمەن»** — ئىبرانىي تىلدا «قۇرت» «كوككۇس ئىلىكۇس» (قىزىل قۇرت) دېگەن قۇرتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل قۇرتنىڭ چىشىسى تۇخۇملىغاندا ئۆزىنى دەرەخكە چاپلاشتۇرۇپ، سالغان تۇخۇملىرىنى ئۆز بەدىنى بىلەن قوغدايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆلگۈچە چاپلاشقان يەردىن مىدىرلىماي تۇرىدۇ. ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭدىن قىپقىزىل بىر سۈيۇقلۇق چىقىپ، ھەممە ئەتراپىنى قىزىل قىلىدۇ. ئادەملەر بۇ قىزىل سۈيۇقلۇقنى بوياق ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىشلار مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلىنىشىغا بېشارەت بولمامدۇ؟

**6:22** يەش. 14:41

7 مېنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مازاق قىلىپ كۈلىدۇ،
باشلىرىنى سىلكىشىپ ئاغزىلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ:
8 «ئۇ پەرۋەردىگارغا ئۆزىنى تاپشۇرغان ئەمەسمۇ؟!
ئەمدى پەرۋەردىگار ئۇنى قۇتقۇزسۇن!
پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسا ئەگەر،
ئۇنى قۇتۇلدۇرسۇن!» ــ دېيىشىدۇ.
9 بىراق مېنى ئاپامنىڭ قورسىقىدىن چىقارغۇچى ئۆزۈڭدۇرسەن؛
ھەتتا ئەمچەكتىكى ۋاقتىمدىمۇ مېنى ئۆزۈڭگە تاياندۇرغانسەن؛
10 تۇغۇلغىنىمدىن تارتىپلا، مەن ئۆزۈمنى قوينۇڭغا تاشلىغانمەن؛
ئانامنىڭ بالىياتقۇسىدىكى ۋاقتىمدىلا، سەن مېنىڭ تەڭرىم بولۇپ كەلگەنسەن.
11 مەندىن يىراقلاشما؛
چۈنكى رىيازەت مېنى قىستاپ كەلدى؛
ماڭا ياردەمدە بولغۇچى يوقتۇر.
12 نۇرغۇن بۇقىلار مېنى قورشىۋالدى؛
باشاننىڭ كۈچلۈك بۇقىلىرى مېنى ئورىۋالدى؛
13 ئۇلار ئادەمنى تىتما قىلغۇچى ھۆركىرەۋاتقان شىردەك،
ئاغزىلىرىنى چوڭ ئېچىپ ماڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ.
14 مەن تۆكۈلگەن سۇدەك بولدۇم،
ھەممە سۆڭەكلىرىم ئىزىدىن چىقىپ كەتتى؛
يۈرىكىم مومدەك ئېرىپ كەتتى،
ئىچ-باغرىمدا زەئىپلىشىپ ئېرىپ كەتتى.

---

**7:22** مات. 39:27

**8:22** مات. 43:27

**10:22** يەش. 1:49

12:22 **«باشاننىڭ كۈچلۈك بۇقىلىرى مېنى ئورىۋالدى»** ــ پەلەستىننىڭ باشان رايونىدىكى بۇقىلار يوغان، كۈچلۈك ئىدى. بۇ يەردە يامان ئادەملەر ھەم ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرغان يامان جىن-روھلارنى كۆرسەتسە كېرەك.

15 قاغجىراپ كەتكەن ساپال پارچىسىدەك ماغدۇرۇم قالمىدى،
تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ كەتتى،
سەن پەرۋەردىگار مېنى ئۆلۈمنىڭ توپا-چاڭلىرىغا قويغانسەن.
16 غالجىر ئىتلار ماڭا ئولاشتى،
بىر توپ رەزىللەر مېنى قىستاپ كېلىپ،
مېنىڭ قولۇم ۋە پۇتۇمنى سانجىپ تەشتى.
17 سۆڭەكلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سانىيالايمەن،
ئۇستىخانلىرىم ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندەك قىلىدۇ.
18 ئۇلار كىيىملىرىمنى ئۆز ئارىسىدا ئۇلەشتۇرۇۋاتىدۇ،
كۆڭلىكىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلىشىۋاتىدۇ.
19 بىراق، ئى پەرۋەردىگار، مەندىن يىراقلاشما!
ئى كۈچ-قۇدرىتىم بولغۇچىم، ياردەمگە تېز كەلگەيسەن!
20 جېنىمنى قىلىچتىن قۇتقۇزغىن،
مېنىڭ يالغۇز جېنىمنى ئىتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرغىن.
21 مېنى شىرنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزغىن؛
شۇنداق، سەن ئىلتىجالىرىمنى ئىجابەت قىلىپ ياۋا كالىلارنىڭ
مۈڭگۈزلىرىدىن قۇتقۇزغانسەن!
22 مەن سېنىڭ نامىڭنى قېرىنداشلىرىمغا ئېلان قىلىمەن؛

---

**15:22** يۇھ. 28:19

**16:22** مات. 35:27؛ مار. 24:15؛ لۇقا 33:23؛ يۇھ. 23،37:19؛ 25:20

**18:22** **«كۆڭلىكىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلىشىۋاتىدۇ»** ــ ياكى «چاپىنىمغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلىشىۋاتىدۇ».

**18:22** لۇقا 34:23؛ يۇھ. 24:19

**20:22** **«مېنىڭ يالغۇز جېنىم»** ــ ياكى «مېنىڭ كىچىك جېنىم» ياكى «مېنىڭ قىممەتلىك جېنىم». سۆزلىگۈچى ئېغىر يالغۇزلۇق ھېس قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.

**21:22** **«...ئىلتىجالىرىمنى ئىجابەت قىلىپ ياۋا كالىلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىدىن قۇتقۇزغانسەن!»** ــ «ياۋا كالا» ھازىر نەسلى قۇرۇغان. ئۇلار ئەسلى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئادەتتىكى كالىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ ئىدى. مۇشۇ يەردە «ياۋا كالىلار» ئەشەددىي رەزىل ئادەملەرگە ياكى جىن-شەيتانلارغا سىمۋول بولىدۇ.

چوڭ جامائەت ئىچىدە تۇرۇپ ساڭا بولغان مەدھىيىلىرىمنى
جاكارلايمەن؛
23 پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنگۈچىلەر، ئۇنى مەدھىيىلەڭلار!
ياقۇپنىڭ بارلىق نەسىللىرى، ئۇنىڭغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈڭلار!
ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن ئەۋلادلىرى، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىڭلار.
24 چۈنكى ئۇ ئېزىلگۈچىنىڭ ئاشۇ خارلىنىشلىرىنى نەزىرىدىن
ساقىت قىلغان ئەمەس،
ياكى ئۇنىڭدىن ھېچ يىرگەنگەن ئەمەس؛
ئۇنىڭدىن ئۆز ۋىسالىنى ھېچ يوشۇرغان ئەمەس؛
بەلكى ئۇ ئىلتىجا قىلىپ ئاۋازىنى كۆتۈرگىنىدە،
ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان.
25 چوڭ جامائەت ئىچىدە ماڭا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ئۆزۈڭدىندۇر،
خۇدادىن ئەيمەنگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا ئىچكەن قەسەملىرىمنى ئىشقا
ئاشۇرىمەن؛
26 ئاجىز مۆمىنلەر قورسىقى تويغۇچە تاماقلىنىدۇ؛
پەرۋەردىگارنى ئىزدىگەنلەر ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ؛
سىلەرنىڭ قەلبىڭلار مەڭگۈ ياشايدۇ!

---

**22:22** ئىبر. 12:2

23:22 **«ياقۇپنىڭ بارلىق نەسىللىرى»** — ئىسرائىل خەلقى، ئەلۋەتتە. **«ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرى»** — خۇدا ياقۇپنىڭ ئىسمىنى «ئىسرائىل»غا ئۆزگەرتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئىسرائىل قوۋمىنىڭ ئەجدادى» بولغان.

25:22 **«چوڭ جامائەت ئىچىدە ماڭا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ئۆزۈڭدىندۇر»** — باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى «چوڭ جامائەتتە مېنىڭ مەدھىيىلىرىمنىڭ تېمىسى سەندىن چىققاندۇر...» ياكى «چوڭ جامائەتتە مېنىڭ ساڭا مەدھىيىلەرنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىم سەندىن چىققاندۇر...».

**25:22** زەب. 49:18؛ 18:35؛ 9:52؛ 1:111

26:22 **«ئاجىز مۆمىنلەر قورسىقى تويغۇچە تاماقلىنىدۇ»** — «تاماقلىنىدۇ» دېگەن بۇ سۆز مۇشۇ يەردە ھېيت قۇربانلىقلىرىدىن ياكى «تەشەككۇر قۇربانلىقلىرى» («رەھمەت قۇربالىقلىرى»)دىن تاماقلىنىشنى كۆرستىشى مۇمكىن.

**26:22** قان. 29:4؛ زەب. 32:69؛ 4:149؛ يەش. 6:25؛ زەف. 2:2؛ يـۇھ. 26:11

27 زېمىننىڭ ئەڭ چېتىدىكىلەرمۇ بۇ ئىشنى قەلبىدە تۇتۇپ ، تووۋا قىلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ؛
ئەل-مىللەتلەرنىڭ بارلىق جەمەتلىرى ئالدىڭدا ئىبادەت قىلىدۇ؛
28 چۈنكى پادىشاھلىق پەرۋەردىگارغىلا تەۋەدۇر؛
ئۇ ئەل-مىللەتلەر ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگۈچىدۇر.
29 جاھاندىكى بايلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدىن يەپ-ئىچىپ، ئىبادەت قىلىدۇ؛
تۇپراققا كىرەي دەپ قالغانلارمۇ، ھەتتا ئۆز جېنىنى ساقلىيالمايدىغانلارمۇ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ؛
30 كەلگۈسىدىكى بىر ئەۋلاد ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ؛
بۇ ئەۋلاد رەب ئۈچۈن ئۆز پەرزەنتلىرى ھېسابلىنىدۇ.
31 كېيىن ئۇلار كېلىپ، شۇ چاغدا تۇغۇلىدىغان بىر قوۋمغا ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى جاكارلاپ شۇنى ئېلان قىلىدۇكى،
«ئۇ بۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى!»

## 23-كۈي
## پەرۋەردىگار مېنى باققۇچى پادىچىمدۇر!
## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

23 1 داۋۇت يازغان كۈي: —

پەرۋەردىگار مېنى باققۇچى پادىچىمدۇر،

---

**27:22** زەب. 8:2؛ 72:10-11؛ 86:9

**29:22** **«جاھاندىكى بايلارمۇ ...»** — ئىبرانىي تىلدا «جاھاندىكى سېمىزلەرمۇ...» — كۆچمە مەنىسى «بايلار» بولۇشى مۇمكىن. **«تۇپراققا كىرەي دەپ قالغانلارمۇ، ھەتتا ئۆز جېنىنى ساقلىيالمايدىغانلارمۇ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ»** — دېمەك، ھەم بايلار ھەم مىسكىنلەر (كۈيدە بېشارەت بېرىلگەن ئىشلار تۈپەيلىدىن) خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ.

**30:22** يەش. 53:8، 10؛ يەش. 8:18؛ زەب.89:29؛ مات. 1:1؛ يۇھ 12:24؛ رىم. 5:18، 19؛ 1پېت. 2:9

**31:22** زەب. 52:9؛ 102:18؛ لۇقا 24:46، 47؛ رىم. 3:22-25

**موھتاج ئەمەسمەن ھېچ نەرسىگە؛**
**2 ئۇ مېنى يۇمران چۆپلەردە ياتقۇزۇپ دەم ئالدۇرار؛**
**تىنچ ئاقىدىغان سۇلارنى بويلىتىپ باقىدۇ؛**
**3 ئۇ ۋۇجۇدۇمنى يېڭىلايدۇ؛**
**ئۇ ھەققانىيلىق يوللىدا ئۆز نامى ئۈچۈن يېتەكلەيدۇ؛**
**4 ھەتتا مەن ئۆلۈم سايىسى بولغان جىلغىدىن ئۆتسەممۇ،**
**ھېچ يامانلىقتىن قورقمايمەن؛**
**چۈنكى سەن مەن بىلەن بىللىدۇرسەن؛**
**سېنىڭ ھاساڭ ھەم تايىقىڭ ماڭا تەسەللىدۇر.**
**5 مېنى خار قىلغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ماڭا كەڭ داستىخان سالىسەن؛**
**مېنىڭ بېشىمنى ماي بىلەن مەسىھ قىلىسەن؛**
**قەدەھىم تاشىدۇ؛**
**6 بەرھەق، بارلىق كۈنلىرىمدە ياخشىلىق ۋە ئۆزگەرمەس شەپقەت ماڭا**
**ئەگىشىپ ھەمراھ بولىدۇ؛**
**مەڭگۈدىن-مەڭگۈگە پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىدا ياشايمەن!**

---

1:23 **«بۇ ئۇلۇغ كۈي توغرۇلۇق ئىزاھات»** ــ پەلەستىندىكى قويلار بىلەن پادىچىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن. ئۇ ئۇلار بىلەن كېچە-كۈندۈز بىللە بولىدۇ، ئۇلارغا ئىسىم قويىدۇ. يېڭى يايلاققا كۆچكەندە، پادىچى قويلارنىڭ بېشىدا مېڭىپ، ئۇلارنى چاقىرىپ يېتەكلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ بېشى تىكەنلىكتە يارىلىنىپ قالسا، پادىچى ماي بىلەن سۈرۈپ «مەسىھ قىلىدۇ»؛ بەزى پادىچىلار ھەتتا ئامراق قويلىرىغا ئالاھىدە قەدەھتىن شاراب ئىچۈرىدۇ.
**1:23** يەش. 11:40؛ يەر. 4:23؛ ئەز. 23:34؛ يۇھ. 11:10؛ 1پېت. 25:2؛ ۋەھ. 17:7
3:23 **«ئۇ ۋۇجۇدۇمنى يېڭىلايدۇ»** ــ «يېڭىلايدۇ» ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆز «تونۇشقا قايتۇرىدۇ» ياكى «تونۇشقا قىلدۇرىدۇ» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
**4:23** زەب. 6:3؛ 6:118
6:23 **«بارلىق كۈنلىرىمدە ياخشىلىق ۋە ئۆزگەرمەس شەپقەت ماڭا ئەگىشىپ ھەمراھ بولىدۇ»** ــ ياكى «بارلىق كۈنلىرىمدە ماڭا ئەگىشىپ ھەمراھ بولغان ئۆزگەرمەس شەپقەت نېمىدېگەن ياخشى!». **«مەڭگۈدىن-مەڭگۈگە پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىدا ياشايمەن!»** ــ ياكى «قايتىپ مەڭگۈدىن-مەڭگۈگە پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىدا ياشايمەن!». «پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھى» ئىبرانىي تىلىدا «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە». داۋۇت بۇ كۈينى يازغاندا يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

## 24-كۈي
## پەرۋەردىگارنىڭ غەلىبىسى

24 [1] داۋۇت يازغان كۈي: ــ

پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر، جاھان ۋە ئۇنىڭغا تولغان ھەممە مەۋجۇداتلار؛
ئۇنىڭغا تەئەللۇقتۇر يەر يۈزى ۋە ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارمۇ؛
[2] چۈنكى جاھاننىڭ ئۇلىنى چوڭقۇر دېڭىزلار ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ،
يەرنى سۇلار ئۈستىگە ئورناتقان ئۇدۇر.
[3] پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا كىم چىقالايدۇ؟
ئۇنىڭ مۇقەددەس جايىغا كىم كىرىپ تۇرالايدۇ؟
[4] ــ قوللىرى گۇناھتىن پاكىز، دىلى ساپ،
قۇرۇق نەرسىلەرگە تەلمۈرۈپ قارىمىغان،
يالغان قەسەم قىلمىغان كىشى كىرەلەيدۇ.
[5] بۇنداق كىشى بولسا پەرۋەردىگاردىن بەختنى،
ئۆز نىجاتلىقى بولغۇچى خۇدادىن ھەققانىيلىقنى تاپشۇرۇۋالىدۇ ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؛
[6] بۇ دەۋر ئۇنى ئىزدىگۈچى دەۋردۇر،
يەنى سېنىڭ دىدارىڭنى ئىزدىگۈچىلەر، ئى ياقۇپنىڭ خۇداسى!
سېلاھ!

---

**1:24** مىس. 5:19؛ قان. 14:10؛ ئايۇپ 3:41؛ زەب. 12:50؛ 1كور. 10:26،28؛ كول. 3-1:21
**3:24** زەب. 1:15؛ يەش. 14،15:33
**4:24** «**قۇرۇق نەرسىلەرگە تەلمۈرۈپ قارىمىغان**» ــ «قۇرۇق نەرسىلەر» بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ
**5:24** «**... تاپشۇرۇۋالىدۇ ۋە ئۇنى كۆتۈرىدۇ**» ــ بۇ ئىككى پېئىل ئىبرانىي تىلىدا بىرلا پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
**6:24** «**...يەنى سېنىڭ دىدارىڭنى ئىزدىگۈچىلەر، ئى ياقۇپنىڭ خۇداسى!**» ــ سۆزمۇسۆز ئىبرانىي تىلىدا: «يەنى سېنىڭ دىدارىڭنى ئىزدىگۈچىلەر، ئى ياقۇپ!». بۇ تەرجىمىسى توغرا بولسا «ياقۇپ» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.
—يەنە بىرخىل تەرجىمىسى «يەنى سېنىڭ دىدارىڭنى ئىزدىگۈچىلەر بولغان ياقۇپتىن ئىبارەتتۇر»

7 ئى قوۋۇقلار، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار!
كەڭ ئېچىلىڭلار!
ئى مەڭگۈلۈك ئىشىكلەر، كۆتۈرۈلۈڭلار!
شۇنىڭ بىلەن شان-شەرەپ ئىگىسى پادىشاھ كىرىدۇ!
8 شان-شەرەپ ئىگىسى پادىشاھ دېگەن كىم؟
ئۇ پەرۋەردىگاردۇر، ئۇ كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىكتۇر!
پەرۋەردىگار، جەڭ مەيدانىدا قۇدرەتلىكتۇر!
9 ئى قوۋۇقلار، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار!
كەڭ ئېچىلىڭلار!
ئى مەڭگۈلۈك ئىشىكلەر، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار!
شۇنىڭ بىلەن شان-شەرەپ ئىگىسى پادىشاھ كىرىدۇ!
10 شان-شەرەپ ئىگىسى پادىشاھ دېگەن كىم؟
ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار بولسا، شان-شەرەپ ئىگىسى پادىشاھتۇر!
سېلاھ!

7:24 **«ئى قوۋۇقلار، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار! كەڭ ئېچىلىڭلار! ئى مەڭگۈلۈك ئىشىكلەر، كۆتۈرۈلۈڭلار!»** ــ قەدىمكى زامانلاردا قوۋۇقلار ئېچىلغاندا يۇقىرىدىن كۆتۈرۈلەتتى.

**8:24** مات. 10:21

**10:24** مات. 10:21

## 25-كۈي
## يېتەكلەش ۋە باشپاناھ بولۇش ھەققىدە دۇئا
## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

25 [1] داۋۇت يازغان كۈي:

پەرۋەردىگار، جېنىم ساڭا تەلمۈرۈپ قارايدۇ؛
[2] ساڭا تايىنىمەن، ئى خۇدايىم؛
مېنى يەرگە قارىتىپ خىجالەتتە قالدۇرمىغايسەن؛
ۋە ياكى دۈشمەنلىرىمنى ئۈستۈمدىن غالىب قىلىپ شادلان دۇرمىغايسەن؛
[3] بەرھەق، سېنى كۈتكۈچىلەردىن ھېچقايسىسى شەرمەندە بولماس؛
بىراق ھېچبىر سەۋەبسىز خائىنلىق قىلغۇچىلار شەرمەندە بولىدۇ.
[4] مېنى سېنىڭ ئىزلىرىڭنى بىلىدىغان قىلغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
يوللىرىڭنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغايسەن.
[5] مېنى ھەقىقىتىڭدە ماڭدۇرۇپ، ماڭا ئۆگەتكەيسەن؛
چۈنكى ئۆزۈڭ مېنىڭ نىجاتلىقىم بولغان خۇدايىمدۇرسەن؛
مەن كۈن بويى ساڭا قاراپ تەلمۈرىمەن؛
[6] ئۆز رەھىمدىللىقلىرىڭنى، ئۆزگەرمەس مېھىرلىرىڭنى يادىڭغا كەلتۈرگەيسەن، ئى پەرۋەردىگار!
چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن تارتىپ بار بولۇپ كەلگەندۇر؛

**1:25** «52-كۈي توغرۇلۇق ئىزاھات» — 25-كۈي «ئېلىپبە تەرتىپلىك» بىر كۈي. كۈيدە 22 ئايەت بولۇپ، ئىبرانىي تىلدا ئالاھىدە شەكىلگە ئىگە. ئىبرانىي يېزىقىدا 22 ھەرپ بار. كۈيدىكى 22 ئايەتنىڭ ھەربىرى ئىبرانىي ئېلىپبە تەرتىپىگە ئاساسەن يېڭى ھەرپ بىلەن باشلىنىدۇ (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلدا ھەرپلەر ئا-، ئە-، ب- تەرتىپىدە باشلانغانغا ئوخشاش). بىز بۇنداق كۈيلەرنى «ئېلىپبە تەرتىپلىك كۈي» دەپ ئاتايمىز.
**2:25** زەب. 22:4-5؛ 31:1؛ 34:5
**3:25** يەش. 28:16؛ رىم. 10:11
**4:25** زەب. 27:11؛ 86:11؛ 119:33
**6:25** زەب. 103:17؛ 106:1؛ 107:1؛ 117:2؛ 136؛ يەر. 33:11

7 مېنىڭ ياشلىقىمدىكى گۇناھلىرىمنى،
شۇنداقلا ئىتائەتسىزلىكلىرىمنى ئېسىڭگە كەلتۈرمىگەيسەن؛
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ، مېھرىبانلىقىڭ بىلەن، مېنى ئېسىڭگە كەلتۈرگەيسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
8 پەرۋەردىگار مېھرىبان ۋە دۇرۇستۇر؛
شۇڭا ئۇ گۇناھكارلارنى دۇرۇس يولغا سالىدۇ.
9 مۆمىنلەرنى ياخشى-يامانني پەرق ئېتىشكە ئۇ يېتەكلەيدۇ؛
مۆمىنلەرگە ئۆز يولىنى ئۆگىتىدۇ.
10 ئۇنىڭ ئەھدىسى ۋە ھۆكۈم-گۇۋاھلىرىنى تۇتقانلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن،
پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق يوللىرى ئۆزگەرمەس مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتتۇر.
11 ئۆز نامىڭ ئۈچۈن، ئى پەرۋەردىگار،
قەبىھلىكىم ئىنتايىن ئېغىر بولسىمۇ،
سەن ئۇنى كەچۈرىۋەتكەنسەن.
12 كىمكى پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنسە،
خۇدا ئۆزى تاللىغان يولدا ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى ئۆگىتىدۇ؛
13 ئۇنىڭ جېنى ئازادە-ياخشىلىقتا ياشايدۇ،
ئۇنىڭ نەسلى يەر يۈزىگە مىراس بولىدۇ.
14 پەرۋەردىگار ئۆزىدىن ئەيمىنىدىغانلار بىلەن سىرداشتۇر؛
ئۇ ئۇلارغا ئۆز ئەھدىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
15 مېنىڭ كۆزلىرىم ھەمىشە پەرۋەردىگارغا تىكىلىپ قارايدۇ؛
چۈنكى ئۇ پۇتلىرىمنى توردىن چىقىرىۋېتىدۇ.
16 ماڭا قاراپ مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكەيسەن؛
چۈنكى مەن غېرىبانە، دەردمەندۇرمەن.
17 كۆڭلۈمنىڭ ئازارلىرى كۆپىيىپ كەتتى؛
مېنى باسقان قىسماقلاردىن چىقارغايسەن.
18 دەردلىرىمنى، ئازابلىرىمنى نەزىرىڭگە ئالغىن،
بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن!

19 مېنىڭ دۈشمەنلىرىمنى نەزىرىڭگە ئالغىن،
چۈنكى ئۇلار كۆپتۇر؛
ئۇلار ماڭا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن نەپرەتلىنىدۇ.
20 جېنىمنى ساقلىغايسەن، مېنى قۇتقۇزغايسەن؛
مېنى شەرمەندىلىكتە قالدۇرمىغايسەن؛
چۈنكى مەن سېنى باشپاناھىم قىلدىم.
21 كۆڭۈل ساپلىقى ۋە دۇرۇسلۇق مېنى قوغدىغاي؛
چۈنكى مەن ساڭا ئۈمىد باغلاپ كۈتتۈۋاتىمەن.
22 ئى خۇدا، ئىسرائىلنى بارلىق كۈلپەتلىرىدىن قۇتقۇزۇپ ھۆرلۈككە
چىقارغايسەن!

## 26-كۈي
## بارلىق رەزىللىكتىن يىراقلىشىشقا ئىنتىلىش

26 1 داۋۇت يازغان كۈي: —

مەن ئۆچۈن ھۆكۈم چىقارغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
چۈنكى مەن ئۆز دۇرۇسلۇقۇمدا تۇرۇپ ماڭدىم؛
مەن پەرۋەردىگارغا تايىنىپ كەلگەنمەن؛
مەن تېيىلىپ كەتمەيمەن.
2 مېنى سىناپ باققايسەن، ئى پەرۋەردىگار، مېنى تەكشۈرۈپ باققىن؛
ۋىجدانىمنى، قەلبىمنى تاۋلىغايسەن؛
3 چۈنكى ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى كۆز ئالدىمدا تۇتقانمەن؛

---

21:25 **«چۈنكى مەن ساڭا ئۈمىد باغلاپ كۈتتۈۋاتىمەن»** — ياكى «چۈنكى ساڭا تەلمۈرۈپ قارايمەن».

1:26 **«مەن پەرۋەردىگارغا تايىنىپ كەلگەنمەن؛ مەن تېيىلىپ كەتمەيمەن»** — يەنە بىرخىل تەرجىمىسى «مەن ھېچ تەۋرەنمەس پەرۋەردىگارغا تايىنىپ كەلدىم».

**1:26** زەب. 8:7

2:26 **«ۋىجدانىم»** — ياكى «نىيەتلىرىم». بۇ سۆز ئىبرانىي تىلىدا «بۆرەكلەر» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەن ھەقىقەتىڭنى ئۆزۈمگە يېتەكچى قىلىپ ماڭدىمەن.
[4] مەن يالغانچىلار بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇرمىدىم؛
ساختىپەزلەرگە ھەمراھ بولۇشقا كىرمەيمەن.
[5] يامانلىق قىلغۇچىلار جامائىتىدىن يىرگىنىمەن؛
رەزىللەر بىلەنمۇ ئولتۇرمايمەن.
[6] قوللىرىمنى گۇناھسىزلىقتا يۇيىمەن؛
شۇندا، قۇربانگاھىڭنى ئايلىنىپ يۈرەلەيمەن.
[7] ۋە ھەم تەشەككۇرلەرنى ئاڭلىتىمەن؛
بارلىق كارامەتلىرىڭنى جاكارلايمەن.
[8] ئى پەرۋەردىگار، ماكانىڭ بولغان ئۆيىنى،
شان-شەرىپىڭ تۇرغان جاينى سۆيۈپ كەلدىم؛
[9] جېنىمنى گۇناھكارلار بىلەن،
ھاياتىمنى قانخورلار بىللە ئېلىپ كەتمىگەيسەن؛
[10] ئۇلارنىڭ قولىدا سۇيىقەستلەر باردۇر،
ئوڭ قولى پارىلەرگە تولدى.
[11] مەن بولسام، دۇرۇسلۇقۇمدا مېڭىپ يۈرۈۋېرىمەن؛
مېنى ھۆرلۈككە چىقىرىپ قۇتقۇزغايسەن،
ماڭا مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكەيسەن.
[12] پۇتۇم بولسا تۈپتۈز جايدا تۇرىدۇ؛
جامائەتلەر ئارىسىدا تۇرۇپ پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر-مەدھىيىلەر قايتۇرىمەن.

---

**4:26** ئايۇپ 5:31؛ زەب. 1:1

11:26 **«مېنى ھۆرلۈككە چىقىرىپ قۇتقۇزغايسەن»** — مۇشۇ «ھۆرلۈككە چىقىرىش» گۇناھنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇشنى كۆرسىتىدۇ.

## 27-كۈي
## خۇدانى كۈتكىن!

27 [1] داۋۇت يازغان كۈي: ــ

پەرۋەردىگار مېنىڭ نۇرۇم ۋە نىجاتلىقىمدۇر؛
مەن يەنە كىمدىن قورقاي؟
پەرۋەردىگار هاياتىمنىڭ قورغىنىدۇر؛
مەن كىمنىڭ ئالدىدا تىترەي؟
[2] يامانلىق قىلغۇچىلار «ئۇنىڭ ئەتلىرىنى يەيلى» دەپ ماڭا هۇجۇم قىلغاندا،
رەقىبلىرىم، دۈشمەنلىرىم ماڭا يېقىنلاشقاندا،
پۇتلىشىپ، يىقىلدى ئۇلار.
[3] زور قوشۇن بارگاھ قۇرۇپ مېنى قورشاۋغا ئالسىمۇ،
قەلبىمدە هېچ قورقۇنچ يوق؛
ماڭا ئۇرۇش قوزغىسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم تۇرۇۋېرىمەن.
[4] پەرۋەردىگاردىن بىرلا نەرسىنى تىلەپ كەلدىم؛
مەن شۇنىڭغا ئىنتىلىمەكتىمەنكى: ــ
ئۆمۈر بويى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە بولسام،
پەرۋەردىگارنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ يۈرسەم،
ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇپ، يېتەكلىشىگە مۇيەسسەر بولسام، دەيمەن.
[5] بېشىمغا كۈن چۈشكەندە، ئۇ مېنى سايىۋىنى ئاستىغا ئالىدۇ؛

---

**1:27** يەش. 17:10؛ 19،20:60؛ مىك. 8:7؛ لۇقا 79:1؛ يۇھ. 4:1؛ 12:8؛ ۋەھ. 23:21

4:27 **«...ئۆمۈر بويى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە بولسام، ... ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇپ، يېتەكلىشىگە مۇيەسسەر بولسام»** ــ داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ زامانىدا «خۇدانىڭ ئۆيى»، يەنى «مۇقەددەس ئىبادەتخانا» تېخى سېلىنمىغانىدى (ئوغلى سۇلايمان كېيىن ياسىدى). ئىبادەتخانا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ياسالغان «مۇقەددەس چېدىر» ئىدى. شۇنىڭ بىلەن داۋۇتنىڭ «مۇقەددەس ئىبادەتخانا» دېگىنى بەلكىم روھىي جەھەتتىن، يەنى خۇدانىڭ ئۆز هۇزۇر-دەرگاھىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك.

مېنى چېدىرىنىڭ ئىچىدە ئامان ساقلاپ يوشۇرۇۋالىدۇ.
ئۇ مېنى ئۇيۇلتاش ئۈستىگە مۇقىم تۇرغۇزىدۇ.
[6] شۇڭا هازىر ئەتراپىمدىكى دۈشمەنلىرىم ئالدىدا بېشىم يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.
ئۇنىڭ مۇقەددەس چېدىرىدا تەنتەنە قىلىپ قۇربانلىقلار سۇنىمەن؛
ناخشا-كۈيلەر ئېيتىمەن، مۇناجاتلارنى ئېيتىمەن پەرۋەردىگارغا!
[7] نىدا قىلغىنىمدا ئاۋازىمنى ئاڭلىغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
ماڭا مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، ئىجابەت قىلغايسەن.
[8] ئۆز كۆڭلۈم: «ئۇنىڭ دىدارىنى ئىزدەڭلار!» دەيدۇ؛
دىدارىڭنى، ئى پەرۋەردىگار، ئۆزۈم ئىزدەيمەن.
[9] مەندىن ئۆزۈڭنى قاچۇرمىغايسەن!
غەزەپلەنگەندە قۇلۇڭنى نېرى قوغلىمىغايسەن؛
سەن مېنىڭدىن ياردىمىڭنى ئايىماي كەلدىڭ؛
سەن مەندىن ئايرىلمىغايسەن، مېنى تاشلىۋەتمىگەيسەن، ئى نىجاتكارىم خۇدا!
[10] ئاتا-ئانام مېنى تاشلىۋەتسىمۇ،
پەرۋەردىگار مېنى قۇچىقىغا ئالىدۇ.
[11] ماڭا ئۆز يولۇڭنى ئۆگەتكەيسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
كۈشەندىلىرىم پايلاپ يۈرمەكتە،
مېنى تۈز يولغا باشلىغايسەن.
[12] مېنى رەقىبلىرىمنىڭ مەيلىگە تاپشۇرمىغايسەن،
چۈنكى ماڭا قارا چاپلاشماقچى بولغان يالغانچىلار خېلى كۆپتۇر،

---

9:27 **«مەندىن ئۆزۈڭنى قاچۇرمىغايسەن!»** — ئىبرانىي تىلدا «يۈزۈڭنى مەندىن يوشۇرمىغايسەن!».

10:27 **«ئاتا-ئانام مېنى تاشلىۋەتسىمۇ،...»** — داۋۇت سائۇل پادىشاھ تەرىپىدىن قوغلانغان. سائۇل ئۇنى «جىنايەتچى» دەپ ھېسابلىغان چاغلىرىدا، داۋۇت ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن بىر مەزگىل چەتكە قېقىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى. تەۋرات «1سام.» 21-، 22-بابنى كۆرۈڭ.

**11:27** زەب. 25:4-5، 9، 12؛ 86:11؛ زەب. 119

ئۇلارنىڭ نەپەسلىرىمۇ زوراۋانلىقتۇر.
[13] ئاھ، پەرۋەردىگارنىڭ مېھرىبانلىقىنى تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا
كۆرۈشكە كۆزۈم يەتمىگەن بولسا...!
[14] پەرۋەردىگارنى تەلمۈرۈپ كۈتكىن!
جىگەرلىك بول، قەلبىڭ مەردانە بولسۇن!
شۇنداق قىل، پەرۋەردىگارنى تەلمۈرۈپ كۈتكىن!

## 28-كۈي
## پەرۋەردىگارغا تايىنىش

28 [1] داۋۇت يازغان كۈي: —

ئى پەرۋەردىگار، ساڭا نىدا قىلىمەن؛
ئى مېنىڭ قورام تېشىم، ماڭا سۈكۈت قىلمىغايسەن؛
چۈنكى سەن جىمجىت تۇرۇۋالساڭ،
مەن چوڭقۇر ھاڭغا چۈشىدىغانلارغا ئوخشاشلا بولىمەن.
[2] ساڭا پەرياد كۆتۈرگىنىمدە،
سېنىڭ مۇقەددەس كالامخاناڭغا قولۇمنى كۆتۈرگىنىمدە،
مېنىڭ ئىلتىجالىرىمنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغايسەن!
[3] مېنى رەزىللەر ۋە قەبىھلىك قىلغۇچىلار بىلەن بىللە
تاشلىۋەتمىگەيسەن؛
ئۇلار ئاغزىدا يېقىنلىرى بىلەن دوستانە سۆزلەشسىمۇ،

---

**14:27** يەش. 9:25؛ 2:33؛ ھاب. 3:2

**1:28** زەب. 3:30؛ 22:35؛ 7:143

2:28 **«سېنىڭ مۇقەددەس كالامخاناڭغا قولۇمنى كۆتۈرگىنىمدە»** — «كالامخانا» مۇقەددەس چېدىردىكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نى كۆرسىتىدۇ. نېمىشقا مۇشۇ يەردە «ئەڭ مۇقەددەس جاي» «كالامخانا» دېيىلىدۇ؟ سەۋەبى، «ئەڭ مۇقەددەس جاي» ئىچىدە «ئەھدە ساندۇقى» ياتىدۇ، «ئەھدە ساندۇقى» ئىچىدە خۇدا ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامە (خۇدانىڭ سۆز-كالامى) ساقلاقلىق ئىدى.

كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك باردۇر.
4 ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قاراپ،
ئىشلىرىنىڭ يامانلىقىغا قاراپ ئىش تۇتقايسەن؛
قولىنىڭ قىلغانلىرى بويىچە ئۆزلىرىگە ياندۇرغايسەن؛
تېگىشلىك جازانى ئۆزلىرىگە قايتۇرغايسەن.
5 چۈنكى ئۇلار نە پەرۋەردىگارنىڭ قىلغانلىرىنى،
نە قوللىرىنىڭ ئىشلىگەنلىرىنى ھېچ نەزىرىگە ئالمايدۇ،
پەرۋەردىگار ئۇلارنى غۇلىتىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرگۈزمەيدۇ.
6 پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇلسۇن؛
چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئىلتىجالىرىمنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغان.
7 پەرۋەردىگار مېنىڭ كۈچۈم، مېنىڭ قالقىنىمدۇر؛
مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىڭغا ئىشەندى،
شۇنىڭ بىلەن ياردەم تاپتىم؛
شۇڭا كۆڭلۈم زور شادلىنىدۇ،
ئۆز كۈيۈم بىلەن مەن ئۇنى مەدھىيىلەيمەن.
8 پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنىڭ كۈچىدۇر،
شۇنداقلا مەسىھ قىلغىنىغا قۇتقۇزغۇچى قورغاندۇر.
9 ئۆز خەلقىڭنى قۇتقۇزغايسەن،
مىراسىڭنى بەرىكەتلىك قىلغايسەن؛
ئۇلارنى پادىچىدەك بېقىپ ئۇزۇقلاندۇرغايسەن،
مەڭگۈگە ئۇلارنى كۆتۈرۈپ يۈرگەيسەن.

---

**3:28** زەب. 12:1-2؛ يەر. 9:7

**8:28** **«پەرۋەردىگار ... مەسىھ قىلغىنىغا قۇتقۇزغۇچى قورغاندۇر»** ــ خۇدانىڭ «مەسىھ قىلغىنى»: ــ (1) خۇدا ئىسرائىللار ئۈستىگە تىكلىگەن پادىشاھ؛ (2) ئاخىردا ئۇ دۇنياغا ئەۋەتىدىغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرستىدۇ. «مەسىھ» توغرۇلۇق 2-كۈيدىكى ئىزاھاتلار ھەم «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**9:28** **«ئۆز خەلقىڭنى قۇتقۇزغايسەن، مىراسىڭنى بەرىكەتلىك قىلغايسەن؛...»** ــ خۇدانىڭ ئۆز خەلقى دەل ئۆزىنىڭ مىراسى ئىكەنلىكى مۇقەددەس كىتابتا كۆپ يەرلەردە تىلغا ئېلىنىدۇ.

## 29-كۈي
## پەرۋەردىگارنىڭ ھەيۋىسى

29 [1] داۋۇت يازغان كۈي: ــ
پەرۋەردىگارغا بەرگەيسىلەر، ئى قۇدرەتلىك بولغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرى،
پەرۋەردىگارغا شانۇ-شەۋكەت، كۈچ بەرگەيسىلەر!
[2] پەرۋەردىگارغا ئۆز نامىغا لايىق شانۇ-شەۋكەت بەرگەيسىلەر؛
پەرۋەردىگارغا پاك-مۇقەددەسلىكىنىڭ گۈزەللىكىدە سەجدە قىلىڭلار!
[3] پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى چوڭقۇر سۇلار ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ؛
شان-شەرەپ ئىگىسى بولغان تەڭرى گۈلدۈرمامىلارنى ياڭرىتىدۇ؛
پەرۋەردىگار بۈيۈك دېڭىزلار ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ.
[4] پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى كۈچلۈكتۇر؛
پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى ھەيۋەتكە تولغاندۇر؛
[5] پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى كېدىر دەرەخلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ؛
بەرھەق، پەرۋەردىگار لىۋاندىكى كېدىرلارنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ.
[6] ئۇ ئۇلارنى موزاي ئويناقلاۋاتقاندەك ئويناقلىتىدۇ؛
ياۋا كالىنىڭ بالىسى ئويناقلاۋاتقاندەك، ئۇ لىۋان ۋە سىرىئون تېغىنى
ئويناقلىتىدۇ.
[7] پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى چاقماقلارنىڭ يالقۇنلىرىنى شاخلىتىۋېتىدۇ؛

---

1:29 **«پەرۋەردىگارغا بەرگەيسىلەر... پەرۋەردىگارغا شانۇ-شەۋكەت، كۈچ بەرگەيسىلەر!»** ــ بۇ سىرلىق سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ مەنىسى چوقۇم شۆكى، خۇدانىڭ خەلقى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تايانغاچقا، شۇنداقلا مەدھىيە ئوقۇغاچقا، خۇدا ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى (شۇنداقلا ئۆز شان-شەرىپىنى) كۆرسىتىشكە شارائىت بېرىدۇ.

**1:29** زەب. 7:96، 8

**3:29** مىس. 23:9

6:29 **«سىرىئون تېغى»** ــ لىۋاننىڭ ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى، يەنە بىر نامى «ھەرمون».

7:29 **«پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى چاقماقلارنىڭ يالقۇنلىرىنى شاخلىتىۋېتىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى ئوت يالقۇنلىرىنى يىرتىۋېتىدۇ». بىراق ئالدى-كەينىدىكى سۆزلەرگە قارىغاندا، چاقماقلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

8 پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى چۆل-جەزىرىنى زىلزىلىگە سالىدۇ؛
پەرۋەردىگار قەدەشتىكى چۆل-جەزىرىنى زىلزىلىگە سالىدۇ؛
9 پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى دۇب دەرەخلىرىنى ھەريان تولغىتىدۇ،
ئورمانلىقلارنى يالىڭاچلايدۇ؛
ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدا بولغان ھەممىسى «شانۇ-شەۋكەت!» دەپ
تەنتەنە قىلىدۇ.
10 پەرۋەردىگار توپان ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئولتۇرىدۇ؛
بەرھەق، پەرۋەردىگار مەڭگۈگە پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ.
11 پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە قۇدرەتنى بەخش ئېتىدۇ؛
ئۆز خەلقىنى ئامان-خاتىرجەملىك بىلەن بەرىكەتلەيدۇ.

## 30-كۈي

## پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتنىڭ كېرىلىپ كەتكەنلىكىنى جازالاپ، ئاندىن ساقايتىشى

30 1 مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى خۇداغا ئاتاشنى تەبرىكلەپ،
داۋۇت يازغان كۈي: —
مەن سېنى ئالىي دەپ ئۇلۇغلايمەن، ئى پەرۋەردىگار،
چۈنكى سەن مېنى پەستىن يۇقىرى كۆتۈردۈڭ،
دۈشمەنلىرىمنى ئۈستۈمدىن خۇشاللاندۇرمىدىڭ.
2 ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، مەن ساڭا نالە كۆتۈردۈم،
سەن مېنى ساقايتتىڭ.

---

8:29 **«پەرۋەردىگار قەدەشتىكى چۆل-جەزىرىنى زىلزىلىگە سالىدۇ»** — «لىۋان تاغلىرى» (6-ئايەت) — قانائان (پەلەستىن) نىڭ شىمال تەرىپى، «قەدەشتىكى چۆل-جەزىرە» ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى
9:29 **«پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى دۇب دەرەخلىرىنى ھەريان تولغىتىدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى ماراللارغا ئوغلاقلارنى تۇغدۇرغۇزىدۇ».
10:29 **«پەرۋەردىگار توپان ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئولتۇرىدۇ»** — «توپان» بەلكىم نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى توپاننى كۆرسىتىدۇ، بۇ يەردە كۆچمە مەنىدە بولۇپ، دۇنيادىكى قالايمىقانچىلىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

3 ئى پەرۋەردىگار، سەن تەھتىسارادىن جېنىمنى ئېلىپ چىقتىڭ،
ھاڭغا چۈشىدىغانلار ئارىسىدىن ماڭا ھايات بېرىپ ساقلىدىڭ.
4 پەرۋەردىگارغا كۈي ئېيتىڭلار، ئى ئۇنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى،
ئۇنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىنى ياد ئېتىپ تەشەككۇر ئېيتىڭلار.
5 چۈنكى ئۇنىڭ غەزىپى دەقىقىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ،
شاپائىتى بولسا ئۆمۈرۋايەت بولىدۇ؛
يىغا-زار كېچىچە قونۇپ قالسىمۇ،
خۇشاللىق تاڭ سەھەر بىلەن تەڭ كېلىدۇ.
6 مەن بولسام ئۆز راھەت-پاراغىتىمدە: «مەڭگۈگە تەۋرەنمەي مۇقىم تۇرىمەن» — دېدىم.
7 پەرۋەردىگار، شاپائىتىڭ بىلەن، مېنىڭ تېغىمنى مۇستەھكەم تۇرغۇزغانىدىڭ؛
ئەمما سەن دىدارىڭنى قاچۇرۇپ يوشۇردۇڭ؛
مەن ئالاقزادە بولۇپ كەتتىم؛
8 مەن ساڭا نالە-پەرياد كۆتۈردۇم، ئى پەرۋەردىگار؛
مەن سەن رەبگە ئىلتىجا قىلدىم: —
9 — مېنىڭ قېنىم تۆكۈلۈپ، ھاڭغا كىرسەم نېمە پايدىسى باردۇر؟
توپا-چاڭ سېنى مەدھىيىلەمدۇ؟ ئۇ ھەقىقىتىڭنى جاكارلىيالامدۇ؟
10 ئاڭلىغايسەن، ئى پەرۋەردىگار، ماڭا شەپقەت كۆرسەتكەيسەن؛
ئى پەرۋەردىگار، ماڭا ياردەمدە بولغايسەن!
11 سەن ماتەم قايغۇسىنى ئۇسسۇل ئويناشلارغا ئايلاندۇردۇڭ؛
ھازىلىق بۆز كىيىمىمنى سالدۇرۇۋېتىپ،
ماڭا خۇشاللىقنى بەلۋاغ قىلىپ باغلىدىڭ؛
12 شۇڭا مېنىڭ روھىم سۈكۈت قىلماي،
ساڭا كۈيلەر ئوقۇسۇن!

---

**4:30** زەب. 12:97

9:30 **«مېنىڭ قېنىم تۆكۈلۈپ، ھاڭغا كىرسەم نېمە پايدىسى باردۇر؟»** — داۋۇتنىڭ كېسىلى (2- ھەم 3-ئايەتنى كۆرۈڭ) بەلكىم بىر ياردىن بولغانمۇ، ياكى ئۆزىنىڭ قاناش كېسىلى بارمىدى؟

ئى پەرۋەردىگار، مېنىڭ خۇدايىم، ساڭا ئەبەدىلئەبەدگىچە
تەشەككۈرلەرنى ئېيتىمەن!

## 31-كۈي
## بىسمى ئاستىدا

31 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت
يازغان كۈي: —

سەن پەرۋەردىگارنى، مەن باشپاناھ قىلدىم؛
مېنى ھېچقاچان يەرگە قارىتىپ قويمىغايسەن؛
ئۆز ھەققانىيلىقىڭ بىلەن مېنى ئازاد قىلىپ قۇتقۇزغايسەن؛
[2] ماڭا قۇلاق سالغايسەن، مېنى تېزرەك قۇتقۇزۇۋالغايسەن؛
ماڭا قورام تاش،
ئۆزۈمنى قوغدايدىغان قورغانلىق قەلئە بولغايسەن.
[3] چۈنكى سەن مېنىڭ ئۇيۇلتېشىم، مېنىڭ قورغىنىمدۇرسەن؛
شۇڭا ئۆز نامىڭ ئۈچۈن مېنى يېتەكلىگەيسەن، مېنى باشلىغايسەن.
[4] ماڭا يوشۇرۇن سېلىنغان تۇزاقتىن قەدەملىرىمنى تارتقايسەن؛
چۈنكى سەن مېنىڭ باشپاناھىمدۇرسەن.
[5] مەن روھىمنى قولۇڭغا تاپشۇردۇم؛
سەن ماڭا نىجاتلىق قىلىپ ھۆرلۈككە چىقارغانسەن، ئى پەرۋەردىگار،
ھەق تەڭرى.
[6] يالغان ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغانلاردىن يىرگىنىپ كەلدىم؛
مەن بولسام پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلىمەن.

---

12:30 «شۇڭا مېنىڭ روھىم سۈكۈت قىلماي...» — «روھىم» بۇ يەردە ئىبرانىي تىلدا
«شان-شەرىپىم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
1:31 زەب. 4:22-5؛ 2:25، 3؛ 1:71، 2؛ يەش. 23:49
5:31 لۇقا 46:23
6:31 يۇن. 8:2

7 ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بىلەن خۇشال بولۇپ شادلىنىمەن؛
چۈنكى مېنىڭ خارلىقىمنى كۆردۈڭسەن؛
جېنىمنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىدىن خەۋەر تاپتىڭ.
8 مېنى دۈشمەنلىرىمنىڭ قولىغا چۈشۈرمىدىڭ،
بەلكى پۇتلىرىمنى كەڭرى جايغا تۇرغۇزدۇڭ.
9 ئى پەرۋەردىگار، ماڭا رەھىم-شەپقەت كۆرسەتكەيسەن،
چۈنكى بېشىمغا كۈلپەت چۈشتى؛
دەرد-ئەلەمدىن كۆزۈم تۈگۈشەي دەپ قالدى،
جېنىم، ۋۇجۇدۇممۇ شۇنداق.
10 ھاياتىم قايغۇ-ھەسرەت بىلەن،
يىللىرىم غەم-غۇسسە بىلەن ئۆتۈپراۋاتىدۇ.
گۇناھىم تۈپەيلىدىن ماغدۇرۇم كېتەي دەپ قالدى،
ئۇستىخانلىرىم سىزىپ كەتتى.
11 مەن رەقىبلىرىمنىڭ ئىزا-ئاھانىتىگە قالدىم،
يېقىنلىرىم ئالدىدا تېخىمۇ شۇنداق؛
تونۇشلىرىمغىمۇ بىر ۋەھىمە بولدۇم؛
كوچىدا مېنى كۆرگەنلەرمۇ مەندىن داجىپ قاچىدۇ.
12 ھەممەيلەن مېنى ئۆلگەن ئادەمدەك، كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاشتى؛
پۇچۇق چىنىدەك بولۇپ قالدىم.
13 چۈنكى نۇرغۇنلارنىڭ تۆھمەتلىرىنى ئاڭلىدىم،
ۋەھىمە تەرەپ-تەرەپلەردە تۇرىدۇ؛
ئۇلار ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ،
جېنىمنى ئېلىشقا قەست قىلىشىۋاتىدۇ.
14 بىراق مەن ساڭا تايىنىمەن، ئى پەرۋەردىگار؛
«سەن مېنىڭ خۇدايىم!» ــ دېدىم.
15 مېنىڭ كۈنلىرىم سېنىڭ قولۇڭدىدۇر؛

---

9:31 **«...جېنىم، ۋۇجۇدۇممۇ شۇنداق»** ــ ياكى «جېنىم، ئىچىممۇ شۇنداق».

**11:31** ئايۇپ 13:19؛ زەب. 11:38

مېنى دۈشمەنلىرىمنىڭ قولىدىن ھەم ماڭا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلاردىن قۇتقۇزغايسەن.
16 قۇلۇڭغا دىدارىڭنىڭ جىلۋىسىنى چۈشۈرگەيسەن؛
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بىلەن ماڭا نىجاتلىق ئاتا قىلغايسەن.
17 ئى پەرۋەردىگار، مېنى يەرگە قارىتىپ قويمىغايسەن؛
چۈنكى مەن ساڭا ئىلتىجا قىلدىم؛
رەزىللەر يەرگە قاراپ قالسۇن؛
ئۇلارنىڭ تەھتىسارادا زۇۋانى تۇتۇلسۇن؛
18 يالغان لەۋلەر زۇۋاندىن قالسۇن!
ئۇلار ھەققانىيلارنى خالىغانچە مازاق قىلىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن سۆزلىمەكتە!
19 ئۆزۈڭنى باشپاناھ قىلغانلار ئۈچۈن ئىنسان باللىرىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىڭ،
يەنى ئۆزۈڭدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن، ساقلىغان ئىلتىپات-نېمەتلىرىڭ نەقەدەر مولدۇر!
20 سەن ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ئۆز ھۇزۇرۇڭدىكى يوشۇرۇن دالدا جايغا ئالىسەن؛
سەن ئۇلارنى تىل-ئاھانەتلەردىن سايىۋىنىڭدە يوشۇرۇپ قويىسەن.
21 پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر-مەدھىيىلەر يوللانسۇن!
چۈنكى ئۇ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىنى زۇلمەتلىك بىر شەھەردە ئاجايىب نامايەن قىلدى!
22 چۈنكى مەن دەككە-دۈككىدە ھودۇقۇپ: ــ

---

**19:31** يەش. 3:64؛ 1كور. 9:2

21:31 **«چۈنكى ئۇ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىنى زۇلمەتلىك بىر شەھەردە ئاجايىب نامايەن قىلدى! »** ــ ئايەتنىڭ باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار، مەسىلەن «زۇلمەتلىك بىر شەھەردە» دېگەننىڭ بىرنەچچە تەرجىمىلىرى بار. بىزنىڭچە داۋۇت سائۇل پادىشاھنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قاچقاندا، يات يۇرتلاردا مۇساپىر بولغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلەۋاتىدۇ. مەسىلەن، «1سام.» 21-، 27-بابنى كۆرۈڭ.

سىنى، مىنى كۆزىدىن چىقىرىپ قويدىمىكىن، دەپ قورققانىدىم؛
ھالبۇكى، مەن نالە كۆتۈرۈپ يېلىنغىنىمدا، پەرۋەردىگارىم مېنى ئاڭلىدىڭ.
[23] پەرۋەردىگارنى سۆيۈڭلار، ئى ئۇنىڭ بارلىق مۆمىن بەندىلىرى!
پەرۋەردىگار ئۆزىگە سادىقلارنى قوغدايدۇ،
ھەم تەكەببۇرلۇق بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆز بېشىغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ!
[24] ئى پەرۋەردىگارنى تەلمۈرۈپ كۈتكەنلەر،
جىگەرلىك بول، قەلبىڭ مەردانە قىلىنسۇن!

## 31-كۈي

## گۇناھنى ئېتىراپ قىلىپ، خۇدادىن كەچۈرۈم سوراش؛ خۇدا جاۋابەن بېشارەت بېرىدۇ

32 [1] داۋۇت يازغان «ماسقىل»: —

ئىتائەتسىزلىكلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان،
گۇناھلىرى يېپىلغان كىشى بەختلىكتۇر!
[2] پەرۋەردىگار رەزىللىكلىرى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان،
روھىدا ھېچقانداق ھىيلىلىك يوق كىشى بەختلىكتۇر!
[3] مەن گۇناھىمنى ئىقرار قىلماي، سۈكۈتتە تۇرۇۋالغانىدىم،
كۈن بويى ئاھ-پىغان ئىچىدە،
سۆڭەكلىرىم چىرىپ كەتتى؛

---

**24:31** زەب. 14:27

1:32 **«داۋۇت يازغان «ماسقىل»»** — «ماسقىل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىزگە نامەلۇم؛ بەزى ئالىملار ئۇنى «تەربىيىلىك» بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ يەنى بەزىلەر ئۇنى «ماھىرلىق بىلەن ئېيتىلسۇن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. **«ئىتائەتسىزلىكلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان، گۇناھلىرى يېپىلغان كىشى بەختلىكتۇر!»** — ئىبرانىي تىلدا: «ئاھ، ئىتائەتسىزلىكلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان، *گۇناھلىرى يېپىلغان كىشىنىڭ بەختلىكلىرى!». بۇ بەختلىكلەر تۆۋەندە بىر-بىرلەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

**1:32** رىم. 6:4، 7

4 چۈنكى مېنى باسقان قولۇڭ ماڭا كېچە-كۈندۈز ئېغىر بولدى؛
يازدىكى قۇرغاقچىلىقتەك يىلىكىم قاغجىراپ كەتتى.
سېلاھ!
5 ئەمدى گۇناھىمنى سېنىڭ ئالدىڭدا ئېتىراپ قىلدىم،
قەبىھلىكىمنى سەندىن يوشۇرۇۋەرمەيدىغان بولدۇم؛
مەن: «پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىقلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن» ــ دېدىم،
شۇنىڭ بىلەن سەن مېنىڭ رەزىل گۇناھىمنى كەچۈرۈم قىلدىڭ.
سېلاھ!
6 شۇڭا سېنى تاپالايدىغان پەيتتە،
ھەربىر ئىخلاسمەن ساڭا دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلسۇن!
چوڭ توپانلار ئۆرلەپ، تېشىپ كەتكەندە،
سۇلار شۇ كىشىگە ھەرگىز يېقىنلاشمايدۇ.
7 سەن مېنىڭ دالدا جايىمدۇرسەن؛
سەن مېنى زۇلۇمدىن ساقلايسەن؛
ئەتراپىمنى نىجاتلىق ناخشىلىرى بىلەن قاپلايسەن!
سېلاھ.
8 ــ «مەن سەن مېڭىشقا تېگىشلىك يولدا سېنى يېتەكلەيمەن ھەم
تەربىيىلەيمەن؛

---

4:32 **«سېلاھ!»** ــ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. زەبۇردىكى ھەربىر كۈي ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان ۋاقىتتا، «سېلاھ» بەلكىم پەددىدىكى بىردەم توختاشنى (پائۇز) كۆرسىتىپ، «توختا، ئويلان» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىشى مۇمكىن.

**5:32** زەب. 38:18؛ 51:3؛ پەند. 28:13؛ 1يۇھ. 1:9

6:32 **«شۇڭا سېنى تاپالايدىغان پەيتتە، ھەربىر ئىخلاسمەن ساڭا دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلسۇن!»** ــ «شۇڭا» دېگەن مۇشۇ مۇھىم سۆز خۇدانىڭ كەچۈرۈمنى ئىزدىگەن ئادەمگە ئۈمىد بېرىشى كېرەك (5-ئايەتنى كۆرۈڭ). **«چوڭ توپانلار ئۆرلەپ تېشىپ كەتكەندە، سۇلار شۇ كىشىگە يېقىنلاشمايدۇ»** ــ مۇشۇ سۆزلەر ئوقۇرمەنلەرگە نۇھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىكى توپاننى ئەسلىتىدۇ. توپان كېلىشتىن بۇرۇن خۇدانى ئىزدىگەنلەر ئۈچۈن «خۇدانى تاپالايدىغان پەيت» بولىدۇ؛ لېكىن توپان بېسىپ كەلگەندىن كېيىن خۇدانى ئىزدەيدىغان ھېچقانداق پۇرسەت قالمايدۇ.

**7:32** زەب. 27:5؛ 31:20

مېنىڭ كۆزۈم ئۈستۈڭدە بولۇشى بىلەن ساڭا نەسىھەت قىلىمەن.
9 ئەقلى يوق بولغان ئات ياكى ئېشەكتەك بولما؛
ئۇلارنى چەكلەشكە تىزگىنلەيدىغان يۈگەن بولمىسا،
ئۇلار ھەرگىز ساڭا يېقىن كەلمەيدۇ».
10 رەزىللەرگە چۈشىدىغان قايغۇ-ھەسرەتلەر كۆپتۇر،
بىراق مېھىر-شەپقەتلەر پەرۋەردىگارغا تايانغان كىشىنى چۆرىدەيدۇ؛
11 ئى ھەققانىيلار، پەرۋەردىگار بىلەن شادلىنىپ خۇرسەن بولۇڭلار؛
كۆڭلى دۇرۇسلار، خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىلىڭلار!

## 33-كۈي
## پەرۋەردىگارنىڭ مېھرىبانلىقى جاھانغا تولغان

33 1 ئەي ھەققانىيلار، پەرۋەردىگار ئۈچۈن تەنتەنە قىلىڭلار!
مەدھىيىلەش دۇرۇسلار ئۈچۈن گۈزەل ئىشتۇر.
2 راۋاب بىلەن پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەڭلار؛
ئونتارغا تەڭكەش بولۇپ، ئۇنىڭغا كۈيلەرنى ئېيتىڭلار.
3 ئۇنىڭغا ئاتاپ يېڭى بىر مۇناجات-ناخشىنى ئېيتىڭلار؛
ماھىرلىق بىلەن چېلىپ، ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى ياڭرىتىڭلار.
4 چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بەرھەقتۇر؛

---

8:32 **«مېنىڭ كۆزۈم ئۈستۈڭدە بولۇشى بىلەن...»** — (1) خۇدا ئۆزىنى سۆيگەنلەرنى ھەردائىم كۆزىدە تۇتىدۇ؛ (2) قەدىمدە پادىشاھلار خىزمەتچىلىرىگە پەقەت كۆز ئىشارىتى بىلەنلا يول كۆرسىتەتتى.

**9:32** پەند. 3:26؛ ياق. 3:3

**1:33** زەب. 1:92؛ 3:135؛ 1:147

2:33 **«راۋاب بىلەن پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەڭلار»** — «راۋاب» بۇ ئايەتتە ھەم زەبۇردىكى باشقا ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەندە، «راۋاب» دېگەن سۆز راۋابقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر سازنى كۆرسىتىدۇ. **«ئونتارغا تەڭكەش بولۇپ، ئۇنىڭغا كۈيلەرنى ئېيتىڭلار»** — «ئونتار» ئون تارلىق چىلتاردەك بىر ساز.

**3:33** زەب. 3:40؛ 1:96؛ 1:98؛ 9:144؛ يەش. 10:42؛ ۋەھ. 9:5؛ 3:14

ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ۋەدىلىرىگە ساداقەتلىكتۇر.
[5] ئۇ ھەققانىيەت ھەم ئادالەتنى ياخشى كۆرگۈچىدۇر؛
يەر-زېمىن پەرۋەردىگارنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن تولغاندۇر.
[6] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بىلەن ئاسمانلار يارىتىلغان،
ئۇنىڭ ئاغزىدىكى نەپەس بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىمۇ يارىتىلغاندۇر؛
[7] ئۇ دېڭىزدىكى سۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ دۆۋىلەيدۇ؛
ئۇ ئوكيانلارنى ئامبارلار ئىچىدە ساقلاپ تۇرىدۇ؛
[8] پۈتكۈل يەر يۈزىدىكىلەر پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنسۇن؛
دۇنيادىكى پۈتۈن جان ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ھۆرمەتلىسۇن؛
[9] چۈنكى ئۇنىڭ بىر سۆزى بىلەنلا ئىش پۈتتۈرۈلگەندى؛
ئۇنىڭ بىر ئەمرى بىلەنلا دېگەنلىرى بەرپا قىلىنغانىدى.
[10] پەرۋەردىگار ئەللەرنىڭ پىلانىنى توسۇۋېتىدۇ؛
ئۇ قوۋملارنىڭ خىياللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.
[11] پەرۋەردىگارنىڭ نەسىھەتى مەڭگۈگە تۇرىدۇ؛
قەلبىدىكى ئويلىرى دەۋردىن-دەۋرگە ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.
[12] «پەرۋەردىگار بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر» دەيدىغان قوۋم بەختلىكتۇر!
يەنى ئۆز مىراسى بولۇشقا تاللىغان خەلق بەختلىكتۇر!

---

**5:33** زەب. 7:45؛ 64:119؛ ئىبر. 9:1

**6:33 «ئۇلارنىڭ ئاسمانلارنىڭ بارلىق قوشۇنلىرى»** — بىر تەرەپتىن قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**6:33** يار. 6:1، 7

**7:33 «ئۇ دېڭىزدىكى سۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ دۆۋىلەيدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ دېڭىزدىكى سۇلارنى كۆپلەرگە يىغىدۇ». **«ئۇ ئوكيانلارنى ئامبارلار ئىچىدە ساقلاپ تۇرىدۇ»** — بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سىرلىق بولغىنى بىلەن، خۇدانىڭ سۇلارنى تولۇق ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكىدىن ھېچقانداق شۈبھە يوق.

**10:33** يەش. 3:19

**11:33** پەند. 21:19؛ 30:21؛ يەش. 10:46

**12:33** زەب. 4:65؛ 15:144

13 پەرۋەردىگار ئەرشتىن يەرگە نەزەر سالىدۇ،
ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.
14 تۇرالغۇسىدىن يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارايدۇ؛
15 ئۇ ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قەلبلىرىنى ياسىغۇچىدۇر؛
ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى دەڭسەپ چىققۇچىدۇر.
16 پادىشاھ بولسا قوشۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن غالىب بولالمايدۇ؛
پالۋان ئۆزىنىڭ زور كۈچى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ؛
17 تۇلپارغا تايىنىپ خەۋپ-خەتەردىن قۇتقۇزۇلۇش بىھۇدىلىكتۇر،
ئۇ زور كۈچى بىلەن ھېچكىمنى قۇتقۇزالمايدۇ؛
19-18 مانا، ئۇلارنىڭ جېنىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،
قەھەتچىلىكتە ئۇلارنى ھايات ساقلاش ئۈچۈن،
پەرۋەردىگارنىڭ كۆزى ئۆزىدىن ئەيمىنىدىغانلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ،
ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىگە ئۈمىد باغلىغانلارنىڭ ئۈستىدە
تۇرىدۇ.
20 بىزنىڭ جېنىمىز پەرۋەردىگارغا تەلمۈرىدۇ؛
بىزنىڭ ياردەمچىمىز،
بىزنىڭ قالقىنىمىز ئۇ بولىدۇ.
21 شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن قەلبىمىز شادلىنىپ كېتىدۇ؛
چۈنكى ئۇنىڭ مۇقەددەس نامىغا تايىنىپ ئىشەندۇق.
22 ئى پەرۋەردىگار، بىز ساڭىلا ئۈمىد باغلىغىنىمىزدەك،
سېنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭمۇ ئۈستىمىزدە بولغاي!

**19-18:33** ئايۇپ 7:36؛ زەب. 15:34؛ 1پېت. 12:3

# 34-كۈي
# خۇدانىڭ مېھربانلىقىغا مەدھىيە
# «ئېلىپبە تەرتىپلىك» كۈي
# 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

34 [1] داۋۇت يازغان كۈي: —
(داۋۇت ئابىمەلەك پادىشاھنىڭ ئالدىدا يورۇش-تۇرۇشىنى
باشقىچە قىلىۋالغاندا، ئابىمەلەك ئۇنى ھەيدىۋەتكەن ۋاقىتتا يازغان)

|א| مەن ھەرقانداق ۋاقىتلاردا پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرىمەن؛
ئۇنى مەدھىيىلەش ئاغزىمدىن چۈشمەيدۇ.
[2] |ב| قەلبىم پەرۋەردىگارنى ئىپتىخارلىنىپ مەدھىيىلەيدۇ،
مۆمىنلەر بۇنى ئاڭلاپ شادلىقتا بولىدۇ.
[3] |ג| مەن بىلەن بىللە پەرۋەردىگارنى ئۇلۇغلاڭلار،
بىرلىكتە ئۇنىڭ نامىغا مەدھىيىلەر ياڭرىتايلى.
[4] |ד| پەرۋەردىگارنى ئىزدىدىم،
ئۇ مېنىڭ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلدى،
مېنى باسقان بارلىق ۋەھىمە-قورقۇنچلىرىمدىن قۇتقۇزدى.
[5] |ה| مۆمىنلەر ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ نۇرلاندى؛
|ו| يۈزلىرى يەرگە قارىتىلمىدى.

---

1:34 «א» ئالەف، ئىبرانىي تىلىدىكى بىرىنچى ھەرپ» — بۇ كۈي «ئېلىپبە تەرتىپلىك» كۈي. ھەربىر ئايەت ئالدىدا ئىبرانىي ھەرپلەر كۆرسىتىلىدۇ (10-كۈيگە بېرىلگەن، «ئېلىپبە تەرتىپلىك كۈي» توغرۇلۇق ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ). **«مەن ھەرقانداق ۋاقىتلاردا پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرىمەن»** — «تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇش» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «(خۇداغا) رەھمەت ئېيتىش»، «ئۇنى ئۇلۇغلاش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، ئۇنىڭ يەنە «خۇدانى خۇرسەن قىلىش» دېگەن مەنىسىمۇ بار. «تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇش» دېگەننىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى شەكلى ئەرەب تىلىدىكى «مۇبارەكلەش» دېگەن سۆزگە ئوخشاپ كېتىدۇ؛ دېمەك، خۇداغا ««بارەك» (بەرىكەت) يەتكۈزۈش».
**1:34** 1سام. 13:21

6 |ז| مەن پېقىر-بىچارە ئۇنىڭغا نىدا قىلدى،
پەرۋەردىگار ئاڭلاپ، مېنى ھەممە ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتقۇزدى.
7 |ח| پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغانلارنى
قوغداپ ئەتراپىغا چېدىرىنى تىكىدۇ،
ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ.
8 |ט| پەرۋەردىگارنىڭ مېھرىبانلىقىنى تېتىپ، بىلگىن،
ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تايانغان ئادەم نېمىدېگەن بەختلىكتۇر!
9 |י| ئى ئۇنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى، پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىڭلار!
چۈنكى ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغانلارنىڭ ھېچ نەرسىسى كەم بولماس.
10 |כ| كۈچلۈك ئارسلانلار ئوزۇقسىز قېلىپ ئاچ قالسىمۇ،
ئەمما پەرۋەردىگارنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ھېچبىر ياخشى نەرسىسى
كەم بولماس.
11 |ל| كېلىڭلار بالىلىرىم، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار؛
مەن سىلەرگە پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىشنى ئۆگىتىپ قوياي.
12 |מ| ھاياتنى ئەتىۋارلايدىغان كىشى كىم؟
كىمنىڭ ئۇزۇن ۋە ياخشى كۈنلەرنى كۆرگۈسى بار؟
13 |נ| ئۇنداقتا تىلىڭنى يامانلىقتىن تارتىپ يۈر،
لەۋلىرىڭ مەككارلىقتىن نېرى بولسۇن؛
14 |ס| يامانلىقتىن ئايرىلىپ يىراق بولۇپ، گۈزەل ئەمەللەرنى
قىلىپ يۈر؛
ئامان-خاتىرجەملىكنى ئىزدەپ، ئۇنى قوغلاپ يۈر.

---

7:34 ««پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىسى»» — تەۋرات دەۋرىدە ئىنتايىن ئالاھىدە بىر شەخس ئىدى. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» بەزى ئىشلاردا خۇدانىڭ ئورنىدا كۆرۈنەتتى (مەسىلەن، «يار.» 7:16-14، 18-بابنى، «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ).

10:34 ئايۇپ 11:4

12:34 1پېت. 10:3

14:34 «ئامان-خاتىرجەملىكنى ئىزدەپ...» — ياكى «ھەممەيلەن بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە تىرىشىپ،...».

15 |ע| پەرۋەردىگارنىڭ كۆزى ھەققانىيلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ،
ئۇنىڭ قۇلىقى ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىغا ئوچۇق تۇرىدۇ؛
16 |פ| پەرۋەردىگارنىڭ چىرايى رەزىللىك قىلغۇچىلارغا قارشى چىقار،
ئۇلارنىڭ ھەرقانداق نام-خاتىرىلىرىنى يەر يۈزىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلار؛
17 |צ| ھەققانىيلار ئىلتىجا قىلىدۇ،
پەرۋەردىگار ئاڭلايدۇ، ئۇلارنى بارلىق ئازاب-مۇشەققەتلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ؛
18 |ק| پەرۋەردىگار كۆڭلى سۇنۇقلارغا يېقىندۇر،
روھى ئېزىلگەنلەرنى قۇتقۇزىدۇ.
19 |ר| ھەققانىيلار دۇچ كەلگەن ئاۋارىچىلىكلەر كۆپتۇر؛
بىراق پەرۋەردىگار ئۇلارنى بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇتقۇزىدۇ.
20 |ש| ئۇ ھەققانىينىڭ سۆڭەكلىرىنى ساق قالدۇرىدۇ،
ئۇلاردىن بىرسىمۇ سۇنۇپ كەتمەيدۇ.
21 |ת| يامانلىقنىڭ ئۆزى رەزىللەرنى ئۆلتۈرىدۇ؛
ھەققانىيلارغا نەپرەتلەنگەنلەر گۇناھتا قالىدۇ.
22 |פ| پەرۋەردىگار ئۆز قۇللىرىنىڭ جانلىرىنى بەدەل تۆلەپ ھۆرلۈككە چىقىرىدۇ؛
ئۇنىڭغا تايانغانلاردىن ھېچكىمگە گۇناھ بېكىتىلمەيدۇ.

---

**15:34** ئايۇپ 7:36؛ زەب. 18:33؛ 1پېت. 12:3

**18:34** **«پەرۋەردىگار كۆڭلى سۇنۇقلارغا يېقىندۇر، روھى ئېزىلگەنلەرنى قۇتقۇزىدۇ»** — بۇ ئايەتتىكى «كۆڭلى سۇنۇقلار» ھەمدە «روھى ئېزىلگەنلەر»، شۈبھىسىزكى، تووۋا قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

**18:34** 2تىم. 11:3

**19:34** 2تىم. 12:3

**20:34** يۇھ. 36:19

**22:34** **«پەرۋەردىگار ئۆز قۇللىرىنىڭ جانلىرىنى بەدەل تۆلەپ ھۆرلۈككە چىقىرىدۇ»** — بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن پېئىل («بەدەل تۆلەپ ھۆرلۈككە چىقىرىدۇ») ئادەتتە قۇللارنى (مەلۇم باھادا) قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش، ھۆر قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

## 35-كۈي
## زىيانكەشلىك ھەم ئاھانەتتە قالغاندا قىلغان دۇئا

35 [1] داۋۇت يازغان كۈي: ــ
ئى پەرۋەردىگار، مەن بىلەن ئېلىشقانلار بىلەن ئېلىشقايسەن؛
ماڭا جەڭ قىلغانلارغا جەڭ قىلغايسەن!
[2] قولۇڭغا سىپار ۋە قالقان ئالغىن؛
ماڭا ياردەمگە ئورنۇڭدىن تۇرغايسەن؛
[3] نەيزىنى سۇغۇرۇپ، مېنى قوغلاۋاتقانلارنىڭ يولىنى توسقايسەن؛
مېنىڭ جېنىمغا: «مەن سېنىڭ نىجاتلىقىڭدۇرمەن!» ــ دېگەيسەن!
[4] مېنىڭ ھاياتىمغا چاڭ سالماقچى بولغانلار يەرگە قارىتىلىپ
شەرمەندە بولغاي؛
ماڭا قەست ئەيلىگەنلەر كەينىگە ياندۇرۇلۇپ رەسۋا بولغاي.
[5] ئۇلار گويا شامالدا ئۇچقان سامانەدەك توزۇپ كەتكەي؛
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇلارنى تارقىتىۋەتكەي!
[6] ئۇلارنىڭ يولى قاراڭغۇ ۋە تېيىلغاق بولغاي،
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇلارنى قوغلىۋەتكەي!
[7] چۈنكى ئۇلار ماڭا ئورۇنسىز ئورا-تۇزاق تەييارلىدى؛
جېنىمنى سەۋەبسىز ئېلىشقا ئۇلار ئۇنى كولىدى.
[8] ھالاكەت تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەي،
ئۆزى يوشۇرۇن قۇرغان تورغا ئۆزى چۈشكەي،
ھالاكەتكە يىقىلغاي.
[9] ئۇ چاغدا جېنىم پەرۋەردىگاردىن سۆيۈنىدۇ،
ئۇنىڭ نىجاتلىق-قۇتقۇزۇشىدىن شادلىنىدۇ!
[10] مېنىڭ ھەممە ئۇستىخانلىرىم: ــ «ئى پەرۋەردىگار، كىممۇ ساڭا
تەڭداش كېلەلىسۇن؟» ــ دەيدۇ،

---

**4:35** زەب. 14:40؛ 70:2-3
**5:35** ئايۇپ 18:21؛ زەب. 1:4؛ يەش. 29:5؛ ھوش. 13:3

«سەن ئېزىلگەن مۆمىنلەرنى كۈچلۈكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن،
ئېزىلگەنلەر ھەم يوقسۇللارنى ئۇلارنى بۇلىغۇچىلاردىن تارتىۋېلىپ
قۇتقۇزىسەن».
11 ياۋۇز، يالغان گۇۋاھچىلار قوپۇپ،
خەۋىرىم بولمىغان گۇناھلار بىلەن ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلماقتا.
12 ئۇلار مېنىڭ ياخشىلىقىمغا يامانلىق قىلىپ،
مېنى پاناھسىز يېتىم قىلىپ قويغاندى!
13 لېكىن مەن بولسام، ئۇلار كېسەل بولغاندا،
بۆزنى يۆگەپ كىيىۋالدىم؛
ئۇلارنى دەپ روزا تۇتۇپ، ئۆزۈمنى تۆۋەن قىلدىم؛
ئەمدى دۇئايىم بولسا ھازىر باغرىمغا يېنىپ كەلدى!
14 مەن بۇ ئىشلاردىن دوست ياكى قېرىندىشىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن
ئىشقا ئوخشاش مەيۈسلىنىپ يۈردۈم،
مەن ئۆز ئانىسىغا ھازا تۇتقاندەك، بېشىمنى سېلىپ يۈردۈم.
15 بىراق مەن پۇتلىشىپ كەتكىنىمدە،
ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ كەتكەنىدى،
بىر يەرگە جەم بولدى؛
دەرۋەقە جەم بولۇشۇپ مۇشۇ زورلاۋانلار ماڭا قارشى چىقىشتى،
بىراق خەۋىرىم يوق ئىدى.
ئۇلار مېنى پارە-پارە قىلىش ئۈچۈن توختىماي زەربە بېرىشتى.
16 خۇددى بىر چىشلەم پوشكال ئۈستىدە چاقچاق ۋە تالاش قىلغان
خۇداسىزلاردەك،

---

13:35 **«... ئۇلار كېسەل بولغاندا، *بۆزنى يۆگەپ كىيىۋالدىم»** ــ «بۆز كىيىم»نى كىيىۋېلىش (ھازا تۇتقاندەك) ئۆزى ياكى باشقىلار ئۈچۈن قاتتىق دۇئا قىلىشنىڭ بىرخىل ئىپادىسى ئىدى. **«... دۇئايىم بولسا ھازىر باغرىمغا يېنىپ كەلدى!»** ــ بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسى بەلكىم: ــ (1) خۇدا جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ (كېسەل ئادەم ساقايمىدى)، بىراق دۇئا قىلغۇچىنى بەرىكەتلىدى؛ ياكى (2) دەرۋەقە كېسەل ئادەم ساقايدى، بىراق قېرىشقاندەك دۇئا قىلغۇچىغا زىيانكەشلىك قىلدى. بىزنىڭچە 2-ئىمكانىيەت توغرىدۇر.

ئۇلار ماڭا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ خىرىس قىلىشتى.
[17] ئى رەب، قاچانغىچە پەرۋا قىلمايسەن؟
جېنىمنى ئۇلارنىڭ ھالاكىتىدىن قۇتقۇزغايسەن،
مېنىڭ بىردىنبىر ھاياتىمنى مۇشۇ يىرتقۇچ شىرلارنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋالغايسەن!
[18] زور جامائەت ئارىسىدا مەن ساڭا تەشەككۇر ئېيتىمەن؛
نۇرغۇنلىغان خەلق ئارىسىدا سېنى مەدھىيىلەيمەن.
[19] يالغان سەۋەب بىلەن ماڭا رەقىب بولغانلارنى ئۈستۈمدىن شادلاندۇرمىغايسەن؛
مەندىن سەۋەبسىز نەپرەتلەنگەنلەرنى ئۆزئارا كۆز قىسىشتۇرمىغايسەن!
[20] ئۇلار دوستانە سۆز قىلمايدۇ،
زېمىندىكى تىنچلىقپەرۋەرلەرگە پىتنە-ئىغۋا توقۇماقتا.
[21] ئۇلار ماڭا قاراپ ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ:
«ۋاي-ۋاي! كۆتكۈنىمىزنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋالدۇق!» ــ دېيىشىدۇ.
[22] ئى پەرۋەردىگار، سەن بۇلارنى كۆرۈپ چىقتىڭ، سۈكۈت قىلمىغايسەن؛
ئى رەب، مەندىن ئۆزۈڭنى يىراقلاشتۇرمىغايسەن؛
[23] قوزغالغايسەن،
مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئويغانغايسەن،
ئى مېنىڭ خۇدايىم ــ رەببىم!
[24] مېنىڭ ئىشىم ئۈستىدە ئۆز ھەققانىيلىقىڭ بويىچە ھۆكۈم چىقارغايسەن، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم؛

---

16:35 **«خۇددى بىر چىشلەم پوشكال ئۈستىدە چاقچاق ۋە تالاش قىلغان خۇداسىزلاردەك،...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «خۇددى بىر چىشلەم پوشكال ئۈستىدە چاقچاق ۋە خۇددى ئەزۋەيلەپ مازاق قىلغۇچى ئەخلاقسىزلاردەك،...».
**18:35** زەب. 40:10؛ 9؛ 1:111
**19:35** يۇھ. 25:15

ئۇلارنى مېنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىمدىن شادلاندۇرمىغايسەن!
[25] ئۇلار كۆڭلىدە: «ۋاھ! ۋاھ! ئەجەب ئوبدان بولدى!» ــ دېيىشمىسۇن؛
ياكى: «ئۇنى يۇتۇۋەتتۇق!» ــ دېيىشمىسۇن.
[26] مېنىڭ زىيىنىمدىن خۇشال بولغانلار يەرگە قارىتىلىپ شەرمەندە بولغاي؛
مېنىڭدىن ئۆزلىرىنى ئۈستۈن تۇتقۇچىلارنىڭ كىيىم-كېچىكى
خىجالەت ۋە نومۇسسىزلۇق بولسۇن!
[27] مېنىڭ ھەققانىيلىقىمدىن سۆيۈنگەنلەر تەنتەنە قىلىپ شادلانسۇن!
ئۇلار ھەمىشە: «ئۆز قۇلىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىگە سۆيۈنگەن
پەرۋەردىگار ئۇلۇغلانسۇن!» ــ دېگەي.
[28] شۇ چاغدا مېنىڭ تىلىم كۈن بويى ھەققانىيلىقىڭ توغرۇلۇق
سۆزلەيدۇ، مەدھىيىلەرنى ياڭرىتىدۇ.

## 36-كۈي
## گۇناھكار ئىنسان ۋە خۇدانىڭ مېھرىبانلىقى

36 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ،
پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى داۋۇت يازغان كۈي: ــ

رەزىل ئادەمنىڭ ئاسىيلىقى مېنىڭ قەلبىمدە بىر بېشارەتنى پەيدا
قىلىدۇ: ــ
«ئۇنىڭ نەزىرىدە خۇدادىن قورقىدىغان ئىش يوقتۇر!».
[2] چۈنكى ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ماختايدۇكى،

27:35 «مېنىڭ ھەققانىيلىقىمدىن سۆيۈنگەنلەر تەنتەنە قىلىپ شادلانسۇن! ئۇلار ھەمىشە: «ئۆز قۇلىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىگە سۆيۈنگەن پەرۋەردىگار ئۇلۇغلانسۇن!» ــ دېگەي» ــ داۋۇت پەيغەمبەر مۇشۇ ئايەتتە بەلكىم ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان، ئۆز ئەجدادى بولغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ.
1:36 «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى داۋۇت يازغان كۈي» ــ ئىبرانىي تىلىدا «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىنىڭ، داۋۇتنىڭ كۈيى».

ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: ــ «مەندە گۇناھ تېپىلماس، قىلغىنىم يىرگىنچلىك
ئىش ئەمەستۇر!» ــ دەيدۇ.
3 ئاغزىدىكى سۆزلەر قەبىھلىك ۋە ھىيلىگەرلىكتۇر؛
پەزىلەتلىك ئىش قىلىش پاراستىدىن ئۇ ئاللىبۇرۇن مەھرۇمدۇر.
4 ئۇ ئورنىدا ياتقاندىمۇ گۇناھنى كۆزلەيدۇ؛
ئۇ دۇرۇس بولمىغان يولغا مېڭىشنى ئىرادە قىلىدۇ؛
يامانلىقتىن ھېچ نەپرەتلەنمەيدۇ.
5 ئى پەرۋەردىگار، ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ئەرشلەرگە تاقىشىدۇ؛
ھەقىقەت-سادىقلىقىڭ بۇلۇتلارغا يېتىدۇ!
6 ھەققانىيلىقىڭ بۈيۈك تاغلاردەك،
ھۆكۈملىرىڭ تىلسىماتلىق چوڭقۇر دېڭىزلاردەكتۇر.
ئى پەرۋەردىگار، سەن ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنى ساقلىغۇچىدۇرسەن؛
7 سېنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ نەقەدەر قىممەتلىكتۇر، ئى خۇدا!
شۇڭا ئىنسان بالىلىرى قاناتلىرىڭ سايىسىدە پاناھلىنىدۇ.
8 ئۇلار ئۆيۈڭدىكى مول داستىخاندىن تويغۇچە بەھرىمەن بولىدۇ؛
سەن ئۇلارغا ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىڭنىڭ دەرياسىدىن ئىچكۈزىسەن.
9 چۈنكى سەندىلا باردۇر ھاياتلىق بۇلىقى؛
نۇرۇڭدا بولۇپ نۇرنى كۆرىمىز.
10 ئاھ، ئۆزۈڭنى تونۇپ، بىلگەنلەرگە مۇھەببىتىڭنى،
كۆڭلى دۇرۇسلارغىمۇ ھەققانىيلىقىڭنى كۆرسىتىشنى
داۋاملاشتۇرغايسەن.
11 تەكەببۇرلارنىڭ پۇتىنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويمىغايسەن؛
رەزىللەرنىڭ قولى مېنى ئورنۇمدىن قوغلىۋەتمىسۇن؛

---

2:36 **«ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: ــ «مەندە گۇناھ تېپىلماس، قىلغىنىم يىرگىنچلىك ئىش ئەمەستۇر!» ــ دەيدۇ»** ــ بەلكىم ئۇ ئۆزىنى ئالدىماقچى بولۇپ: «مېنىڭ گۇناھىم ئانچە ئېغىر ئەمەس»، دېمەكچى. تولۇق ئايەتنىڭ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ يىرگىنچلىكى ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز ئۆزىنى ماختايدۇ».

**5:36** زەب. 10:57؛ 4:108

[12] مانا، يامانلىق قىلغۇچىلار يىقىلدى!
غۇلىتىۋېتىلدى، ئورنىدىن قايتا تۇرالمايدۇ!

## 37-كۈي
## ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ تەقدىرى
## «ئېلىپبە تەرتىپلىك» كۈي

37 [1] داۋۇت يازغان كۈي: —

|א| يامانلىق قىلغۇچىلار تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭنى كۆيدۈرمە،
ناكەسلەرگە ھەسەت قىلما.
[2] چۈنكى ئۇلار ئوت-چۆپلەردەك تېزلا ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ،
يۇمران ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش تورزۇپ كېتىدۇ.
[3] |ב| پەرۋەردىگارغا تايان، تىرىشىپ ياخشىلىق قىل،
زېمىندا ماكانلىشىپ ياشاپ، ئۇنىڭ ۋاپا-ھەقىقىتىنى ئوزۇق قىلىپ ھوزۇرلان.
[4] «پەرۋەردىگارنى خۇرسەنلىكىم» دەپ بىلگىن،
ئۇ ئارزۇ-تىلەكلىرىڭگە يەتكۈزىدۇ.
[5] |ג| يولۇڭنى پەرۋەردىگارغا ئامانەت قىل؛
ئۇنىڭغا تايان، ئۇ چوقۇم تىلىكىڭنى ئىجابەت قىلىدۇ.
[6] |ד| ئۇ ھەققانىيلىقىڭنى نۇردەك،
ئادالىتىڭنى چۈشتىكى قۇياشتەك چاقنىتىدۇ.
[7] |ד| پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تىنچ بولۇپ، ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈت؛
ھارامدىن روناق تاپقان ئادەم تۈپەيلىدىن،

---

**1:37** پەند. 17:23؛ 1:24

3:37 **«ئۇنىڭ ۋاپا-ھەقىقىتىنى ئوزۇق قىلىپ ھوزۇرلان»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ۋاپالىق-سادىقلىقتا ئىنتىلگىن».

**5:37** زەب. 10-9:22؛ 22:55؛ پەند. 3:16؛ مات. 25:6؛ لۇقا 22:12؛ 1پېت. 7:5

يامان نىيەتلىرى ئىشقا ئاشىدىغان كىشى تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭنى
كۆيدۈرمە.
8 |ה| ئاچچىقىڭدىن يان، غەزەپتىن قايت،
ئۆزۈڭنى كۆيدۈرمە؛
ئۇ پەقەت سېنى يامانلىققا ئېلىپ بارىدۇ.
9 چۈنكى يامانلىق قىلغۇچىلار زېمىندىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ؛
پەرۋەردىگارغا تەلمۈرۈپ كۈتكەنلەر بولسا،
زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.
10 |ו|: كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا، رەزىل ئادەم ھالاك بولىدۇ؛
ئۇنىڭ ماكانىغا سەپسېلىپ قارىساڭ، ئۇ يوق بولىدۇ.
11 بىراق ياۋاش-مۆمىنلەر زېمىنغا مىراسلىق قىلىدۇ،
ۋە چەكسىز ئارامبەخشلىكتىن ھۇزۇرلىنىدۇ.
12 |ז| رەزىل ئادەم ھەققانىيغا قەست قىلىدۇ؛
ئۇنىڭغا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ خىرىس قىلىدۇ؛
13 لېكىن رەب ئۇنىڭغا قاراپ كۈلىدۇ؛
چۈنكى رەب ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۈننى كۆرىدۇ.
14 |ח| ياۋاشلار ۋە يوقسۇللارنى يىقىتىش ئۈچۈن،
يولى دۇرۇسلارنى قىرىپ تاشلاش ئۈچۈن،
رەزىللەر قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ،
ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى تارتىپ تەييارلىدى.
15 لېكىن قىلىچى بولسا ئۆز يۈرىكىگە سانجىلىدۇ،
ئوقيالىرى سۇندۇرۇۋېتىلىدۇ.
16 |ט| ھەققانىيلاردىكى «ئاز»،
كۆپلىگەن يامانلارنىڭ بايلىقلىرىدىن ئەۋزەلدۇر.
17 چۈنكى رەزىللەرنىڭ بىلەكلىرى سۇندۇرۇلىدۇ؛
لېكىن پەرۋەردىگار ھەققانىيلارنى يۆلەيدۇ؛

**11:37** مات. 5:5

18 |י| پەرۋەردىگار كۆڭلى دۇرۇسلارنىڭ كۈنلىرىنى بىلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ مىراسى مەڭگۈگە بولىدۇ.
19 ئۇلار ئېغىر كۈنلەردە يەرگە قاراپ قالمايدۇ؛
قەھەتچىلىكتىمۇ ئۇلار توق يۈرىدۇ.
20 |כ| بىراق رەزىللەر ھالاك بولىدۇ؛
پەرۋەردىگار بىلەن قارشىلاشقۇچىلار چىمەنزاردىكى گۈل-گىياھدەك
تۇزۇپ كېتىدۇ؛
ئۇلار تۈگەيدۇ؛
ئىس-تۈتۈندەك تارقىلىپ تۈگەيدۇ.
21 |ל| رەزىل ئادەم ئۆتنە ئېلىپ قايتۇرمايدۇ؛
ئەمما ھەققانىي ئادەم مېھرىبانلىق بىلەن ئۆتنە بېرىدۇ؛
22 چۈنكى پەرۋەردىگار رەھمەت قىلغانلار زېمىنغا ئىگە بولىدۇ،
بىراق ئۇنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلار ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ؛
23 |מ| مەردانە ئادەمنىڭ قەدەملىرى پەرۋەردىگار تەرىپىدىندۇر؛
رەب ئۇنىڭ يولىدىن خۇرسەن بولىدۇ.
24 ئۇ تېيىلىپ كەتسىمۇ، يىقىلىپ چۈشمەيدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يۆلەپ تۇرىدۇ.
25 |נ| مەن ياش ئىدىم، ھازىر قېرىپ قالدىم؛
لېكىن ھەققانىيلارنىڭ تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى،
ياكى پەرزەنتلىرىنىڭ نان تىلىگەنلىكىنى ئەسلا كۆرگەن ئەمەسمەن؛
26 ئۇ كۈن بويى مەرد-مېھرىبان بولۇپ ئۆتنە بېرىدۇ؛
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ خەلققە بەرىكەت يەتكۈزىدۇ.
27 |ס| يامانلىقنى تاشلاڭلار، ياخشىلىق قىلىڭلار،
مەڭگۈ ياشايسىلەر!
28 چۈنكى پەرۋەردىگار ئادالەتنى سۆيىدۇ،

20:37 ىسس باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار قوزىلارنىڭ يېغىدەك كۆيۈپ كېتىدۇ».
23:37 **«رەب ئۇنىڭ يولىدىن خۇرسەن بولىدۇ»** ــ ياكى: «ئۇ (مەردانە كىشى) ئۇنىڭ (يەنى، رەبنىڭ) يولىدىن خۇرسەن بولىدۇ».

ئۇ ئۆز مۆمىن بەندىلىرىنى تاشلىمايدۇ؛
ئۇلار مەڭگۈگە ساقلىنىدۇ؛
|ע| لېكىن رەزىللەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.
29 ھەققانىيلار يەر-جاھانغا ئىگە بولىدۇ،
ئەبەدىلئەبەدگىچە ئۇنىڭدا ماكان تۇتۇپ ياشايدۇ.
30 |פ| ھەققانىي ئادەمنىڭ ئاغزى دانالىق جاكارلايدۇ؛
ئۇنىڭ تىلى ئادىل ھۆكۈملەرنى سۆزلەيدۇ؛
31 قەلبىدە خۇدانىڭ مۇقەددەس قانۇنى تۇرىدۇ؛
ئۇنىڭ قەدەملىرى تېيىلىپ كەتمەس.
32 |צ| رەزىللەر ھەققانىي ئادەمنى پايلاپ يۈرىدۇ؛
ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرگۈدەك پەيتنى ئىزدەپ يۈرىدۇ.
33 لېكىن پەرۋەردىگار ئۇنى دۈشمەننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈرمەيدۇ؛
ياكى ھۆكۈمدە ئۇنى گۇناھقا پۈتمەيدۇ.
34 |ק| پەرۋەردىگارنى تەلمۈرۈپ كۈت،
ئۇنىڭ يولىنى چىڭ تۇتقىن؛
ئۇ سېنىڭ مەرتىۋەڭنى كۆتۈرۈپ، زېمىنغا ئىگە قىلىدۇ ،
رەزىللەر ھالاك قىلىنغاندا،
سەن بۇنى كۆرىسەن.
35 |ר| مەن رەزىل ئادەمنىڭ زومىگەرلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆردۈم،
ئۇ خۇددى ئايىنغان باراقسان ياپيېشىل دەرەختەك روناق تاپقان.
36 بىراق ئۇ ئۆتۈپ كەتتى،
مانا، ئۇ يوق بولدى؛

---

31:37 **«قەلبىدە خۇدانىڭ مۇقەددەس قانۇنى تۇرىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا «قەلبىدە خۇداسىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى تۇرىدۇ».

**31:37** زەب. 8:40؛ يەش. 7:51

35:37 **«مەن رەزىل ئادەمنىڭ زومىگەرلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆردۈم، ئۇ خۇددى ئايىنغان باراقسان ياپيېشىل دەرەختەك روناق تاپقان»** — دېمەك، رەزىل ئادەم زومىگەرلىك يولى بىلەن سىرتىدىن قارىغاندا چىرايلىق چوڭ بىر دەرەختەك باراقسان بولىدۇ.

مەن ئۇنى ئىزدىسەممۇ، ئۇ تېپىلمايدۇ.
37 |ש| مۆكەممەل ئادەمگە نەزەر سال،
دۇرۇس ئىنسانغا قارا!
چۈنكى بۇنداق ئادەمنىڭ ئاخىر كۆرىدىغىنى ئارامبەخش
خاتىرجەملىك بولىدۇ.
38 ئىتائەتسىزلەر بولسا بىرلىكتە ھالاك بولىشىدۇ؛
ئۇلارنىڭ كېلەچىكى ئۈزۈلىدۇ؛
39 |ת| بىراق ھەققانىيلارنىڭ نىجاتلىقى پەرۋەردىگاردىندۇر؛
ئۇ ئېغىر كۈنلەردە ئۇلارنىڭ كۈچلۈك پاناھىدۇر.
40 پەرۋەردىگار ياردەم قىلىپ ئۇلارنى ساقلايدۇ؛
ئۇ ئۇلارنى رەزىللەردىن ساقلاپ قۇتقۇزىدۇ؛
چۈنكى ئۇلار ئۇنى باشپاناھى قىلىدۇ.

## 38-كۈي
## ئېغىر چېلىقتا قالغان كىشىنىڭ ئىلتىجا دۇئاسى

38 1 داۋۇت يازغان كۈي: ــ
(ئەسلىمە ئۈچۈن)

ئى پەرۋەردىگار، غەزىپىڭدە تەنبىھ بەرمىگەيسەن،
قەھرىڭدە مېنى جازالىمىغايسەن!
2 چۈنكى ئوقلىرىڭ مېنى زەخمىلەندۈرۈپ سانجىدى،
قولۇڭ ئۈستۈمدىن قاتتىق باستى.
3 قاتتىق غەزىپىڭ تۈپەيلىدىن ئەتلىرىمدە ھېچ ساقلىق يوق،
گۇناھىم تۈپەيلىدىن ئۇستىخانلىرىمدا ئارام يوقتۇر.
4 چۈنكى گۇناھلىرىم بويۇمدىن تاشتى؛

1:38 زەب. 1:6

ئۇلار كۆتۈرەلمىگۈسىز ئېغىر يۈكتەك مېنى بېسىۋالدى.
5 ئەخمەقلىقىمدىن جاراھەتلىرىم سېسىپ، شەلۋەرەپ كەتتى.
6 ئازابتىن بەللىرىم تولىمۇ پۈكۈلۈپ كەتتى،
كۈن بويى غەمگە پېتىپ يۈرىمەن!
7 چاتىراقلىرىم ئوتقا تولدى،
ئەتلىرىمنىڭ ساق يېرى يوقتۇر.
8 مەن تولىمۇ ھالسىراپ، ئېزىلىپ كەتتىم؛
قەلبىمدىكى ئازاب-قايغۇ تۈپەيلىدىن ھۆركىرەيمەن.
9 رەب، بارلىق ئارزۇيۇم كۆز ئالدىڭدىدۇر؛
ئۇھ تارتىشلىرىم سەندىن يوشۇرۇن ئەمەس؛
10 يۈرىكىم جىغىلداپ، ھالىمدىن كەتتىم؛
كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئۆچتى.
11 يار-بۇرادەرلىرىممۇ مېنى ئۇرغان ۋابا تۈپەيلىدىن، ئۆزلىرىنى مەندىن تارتتى؛
يېقىنلىرىممۇ مەندىن يىراق قاچتى.
12 جېنىمنى ئالماقچى بولغانلار تۇزاق قۇرىدۇ؛
ماڭا زىيانىنى قەستلىگەنلەر زەھىرىنى چاچماقتا؛
ئۇلار كۈن بويى ھىيلە-مىكىرلەرنى ئويلىماقتا.
13 لېكىن مەن گاس ئادەمدەك ئاڭلىمايمەن،
گاچا ئادەمدەك ئاغزىمنى ئاچمايمەن؛
14 بەرھەق، مەن ئاڭلىيالمايدىغان گاسلاردەك بولۇپ قالدىم؛
ئاغزىمدا قىلىدىغان رەددىيە-تەنبىھ يوق.
15 چۈنكى ئۈمىدىمنى سەن پەرۋەردىگارغا باغلىدىم؛
رەب خۇدايىم، سەن ئىلتىجايىمغا ئىجابەت قىلىسەن.
16 چۈنكى مەن: — «ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمگە چىقىپ ماختانمىغاي؛ بولمىسا، پۇتلىرىم تېيىلىپ كەتكەندە، ئۇلار شادلىنىدۇ» — دېدىم مەن.
17 چۈنكى مەن دەلدەڭشىپ، تۇگىشەي دەپ قالدىم،

ئازابىم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.
18 چۈنكى مەن ئۆز يامانلىقىمنى ئىقرار قىلىمەن؛
گۇناھىم ئۈستىدە قايغۇرىمەن.
19 لېكىن دۈشمەنلىرىم جۇشقۇن ھەم كۈچلۈكتۇر؛
قارا چاپلاپ، ماڭا نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ سانى نۇرغۇندۇر.
20 ۋاپاغا جاپا قىلىدىغانلار بولسا، مەن بىلەن قارشىلىشىدۇ؛
چۈنكى مەن ياخشىلىقنى كۆزلەپ، ئىنتىلىمەن.
21 ئى پەرۋەردىگار، مەندىن ۋاز كەچمىگەيسەن!
ئى خۇدايىم، مەندىن يىراقلاشمىغايسەن!
22 ئى رەب، مېنىڭ نىجاتلىقىم،
ماڭا چاپسان ياردەم قىلغايسەن!

## 39-كۈي
## خۇدانىڭ تەربىيىسىنى چۈشىنىپ يېتىش

39 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشى يەدۇتۇنغا تاپشۇرۇلغان، داۋۇت يازغان كۈي: ــ

«تىلىم گۇناھ قىلمىسۇن دەپ،
يوللىرىمغا دىققەت قىلىمەن؛
رەزىللەر كۆز ئالدىمدا بولسا، مەن ئاغزىمغا بىر كۆشەك سالىمەن» ــ
دېگەنىدىم.

**18:38** زەب. 5:32

1:39 **«يەدۇتۇن»** ــ داۋۇت پەيغەمبەر «مەدھىيە خورى»نىڭ يېتەكچىسى دەپ بېكىتكەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ («1تار.» 41:16نى كۆرۈڭ).
—**«نەغمىچىلەرنىڭ بېشى يەدۇتۇنغا تاپشۇرۇلغان»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «نەغمىچىلەرنىڭ يېتەكچىسىگە تاپشۇرۇلۇپ، «يەدۇتۇن» (مەدھىيىلەش دېگەن مەنىدە) ئاھاڭىدا ئوقۇلسۇن دەپ...».

2 مەن سۈكۈت قىلىپ، زۇۋان سۈرمىدىم،
ھەتتا ياخشىلىق توغرىسىدىكى سۆزلەرنىمۇ ئاغزىمدىن چىقارمىدىم؛
بىراق دىل ئازابىم تېخىمۇ قوزغالدى.
3 كۆڭلۈمدە زەردەم قاينىدى،
ئويلانغانسېرى ئوت بولۇپ ياندى؛
ئاندىن تىلىم ئىختىيارسىز سۆزلەپ كەتتى.
4 ئى پەرۋەردىگار، ئۆز ئەجىلىمنى،
كۈنلىرىمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ماڭا ئايان قىلغىن؛
ئاجىز ئىنسان بالىسى ئىكەنلىكىمنى ماڭا بىلدۈرگىن.
5 مانا، سەن كۈنلىرىمنى پەقەت نەچچە غېرىچلا قىلدىڭ،
سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆمرۈم يوق ھېسابىدىدۇر.
بەرھەق، بارلىق ئىنسانلار تىك تۇرسىمۇ، پەقەت بىر تىنىقلا، خالاس.
سېلاھ.
6 بەرھەق، ھەربىر ئىنساننىڭ ھاياتى خۇددى بىر كۆلەڭگىدۇر،
ئۇلارنىڭ ئالدىراپ-سالدىراشلىرى بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتۇر؛
ئۇلار بايلىقلارنى توپلايدۇ، لېكىن كېيىن بۇ بايلىقلارنى كىمنىڭ قولىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.
7 ئى رەب، ئەمدى مەن نېمىنى كۈتىمەن؟
مېنىڭ ئۈمىدىم ساڭىلا باغلىقتۇر.
8 مېنى بارلىق ئاسىيلىقلىرىمدىن قۇتقۇزغايسەن،
مېنى ھاماقەتلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇرمىغايسەن.
9 سۈكۈت قىلىپ زۇۋان سۈرمىدىم؛
چۈنكى مانا، مۇشۇ جازانى ئۆزۈڭ يۈرگۈزگەنسەن.
10 ماڭا سالغان ۋابايىڭنى مەندىن نېرى قىلغايسەن؛
چۈنكى قولۇڭنىڭ زەربىسى بىلەن تۈگىشەي دەپ قالدىم.

---

2:39 «ھەتتا ياخشىلىق توغرىسىدىكى سۆزلەرنىمۇ ئاغزىمدىن چىقارمىدىم» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھەرقانداق پايدىسىز سۆزدىن قالدىم».
5:39 زەب. 62:9-10؛ 4:144

[11] سەن تەنبىھلىرىڭ بىلەن كىشىنى ئۆز يامانلىقى ئۈچۈن تەربىيىلىگىنىڭدە،
سەن خۇددى نەرسىلەرگە كۈيە قۇرتى چۈشكەندەك، ئۇنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىنى يوق قىلىۋېتىسەن؛
بەرھەق، ھەربىر ئادەم بىر تىنىقلا، خالاس. سېلاھ.
[12] ئى پەرۋەردىگار، دۇئايىمنى ئاڭلىغايسەن،
پەريادىمغا قۇلاق سالغايسەن!
كۆز ياشلىرىمغا سۈكۈت قىلمىغايسەن!
چۈنكى مەن يۆتكىلىپ يۈرگۈچى ئاتا-بوۋىلىرىمدەك،
سېنىڭ ئالدىڭدا ياقا يۇرتلۇق، مۇساپىرمەن، خالاس!
[13] ماڭا تىككەن كۆزۈڭنى مەندىن نېرى قىلغايسەنكى،
مەن بارسا كەلمەس جايغا كەتكۈچە،
مېنى بىرئاز بولسىمۇ راھەتتىن بەھرىمەن قىلغايسەن.

## 40-كۈي

## بېشارەت ـ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ، داۋۇت ئارقىلىق كېلىدۇ

40 [1] داۋۇت يازغان كۈي: ـ

پەرۋەردىگارغا تەلمۈرۈپ، كۈتتۈم، كۈتتۈم؛
ئۇ ماڭا ئېگىلىپ پەريادىمنى ئاڭلىدى.
[2] ئۇ مېنى ھالاكەت ئورىكىدىن،
شۈندائلا پاتقاق لايدىن تارتىۋالدى،
پۇتلىرىمنى ئۇيۇلتاش ئۈستىگە تۇرغۇزۇپ،
قەدەملىرىمنى مۇستەھكەم قىلدى.

---

**12:39** لاۋ. 23:25؛ 1تار. 15:29؛ زەب. 119:19؛ ئىبر. 11:13؛ 1پېت. 2:11
2:40 **«ھالاكەت ئورىكى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «شاۋقۇنلاشلارنىڭ ئورىكى».

3 ئۇ ئاغزىمغا يېڭى ناخشا-مۇناجاتنى،
يەنى خۇدايىمىزنى مەدھىيىلەشلەرنى سالدى؛
نۇرغۇن خەلق بۇنى كۆرۈپ، قورقىدۇ،
ھەم پەرۋەردىگارغا تايىنىدۇ.
4 تەكەببۇرلاردىن ياردەم ئىزدىمەيدىغان،
يالغانچىلىققا ئېزىپ كەتمەيدىغان،
بەلكى پەرۋەردىگارنى ئۆز تايانچىسى قىلغان كىشى بەختلىكتۇر!
5 ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم،
سېنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان كارامەتلىرىڭ ۋە ئويى-نىيەتلىرىڭنى
بارغانسېرى كۆپەيتىپ، سان-ساناقسىز قىلغانسەن،
كىممۇ ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ھېسابلاپ ئۆزۈڭگە رەھمەت قايتۇرۇپ
بولالىسۇن!
ئۇلارنى سۆزلەپ باشتىن-ئاخىر بايان قىلاي دېسەم،
ئۇلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.
6 نە قۇربانلىق، نە ئاشلىق ھەدىيەلىرى سېنىڭ تەلەپ-ئارزۇيۇڭ
ئەمەس،
بىراق سەن ماڭا سەزگۈر قۇلاقلارنى ئاتا قىلدىڭ؛
نە كۆيدۈرمە قۇربانلىق، نە گۇناھ قۇربانلىقنى تەلەپ قىلمىدىڭ؛
7 شۇڭا جاۋاب بەردىمكى —

---

5:40 **«كىممۇ ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ھېسابلاپ ئۆزۈڭگە رەھمەت قايتۇرۇپ بولالىسۇن!»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «كىممۇ ساڭا تەڭداش بولۇپ سېنى تۇسالىسۇن؟!».
6:40 **«سەن ماڭا سەزگۈر قۇلاقلارنى ئاتا قىلدىڭ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن: «سەن مېنىڭ قۇلاقلىرىمنى سانجىدىڭ». مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس قانۇن بويىچە، بىر قۇلنىڭ ئۆز خوجايىنىغا مەڭگۈ خىزمەتتە بولغۇسى بولسا، بۇنى بەلگىلەش ئۈچۈن خوجايىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىگىز سانجىيدۇ («مىس.» 21-بابنى كۆرۈڭ). بۇ خىل تەرجىمە توغرا بولسا، بۇ مەسىھنىڭ خۇداغا مەڭگۈلۈك سادىقلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆزدۇر. **«نە قۇربانلىق، نە ئاشلىق ھەدىيەلىرى... نە كۆيدۈرمە قۇربانلىق، نە گۇناھ قۇربانلىقنى تەلەپ قىلمىدىڭ»** — «لاۋ.» 1-7-بابتا تەلەپ قىلىنغان بەش خىل ئاساسىي قۇربانلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ 6-ئايەتتە تىلغا ئېلىنىدۇ.
**6:40** لاۋ. 1:3؛ 1:2؛ 13:4؛ ئىبر. 10:5-12

«مانا مەن كەلدىم!» ــ دېدىم.
ئۆرام يازما دەستۇردا مەن توغرۇلۇق پۈتۈلگەن: ــ
8 «خۇدايىم، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى ئىرادەڭ مېنىڭ خۇرسەنلىكىمدۇر؛
سېنىڭ تەۋرات قانۇنۇڭ قەلبىمگە پۈتۈكلۈكتۇر».
9 بۈيۈك جامائەت ئارىسىدا تۇرۇپ مەن ھەققانىيلىقنى جاكارلىدىم؛
مانا بۇلارنى ئۆزۈمدە قىلچە ئېلىپ قالغۇم يوقتۇر،
ئى پەرۋەردىگار، ئۆزۈڭ بىلىسەن.
10 ھەققانىيلىقىڭنى قەلبىمدە يوشۇرۇپ يۈرمىدىم؛
ۋاپادارلىقىڭنى ۋە نىجاتلىقىڭنى جاكارلىدىم؛
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ۋە ھەقىقىتىڭنى بۈيۈك جامائەتكە ھېچ يوشۇرماستىن بايان قىلدىم.
11 ئى پەرۋەردىگار، مېھرىبانلىقلىرىڭنى مەندىن ئايىمىغايسەن؛
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ۋە ھەقىقىتىڭ ھەردائىم مېنى ساقلىغاي!
12 چۈنكى سانسىز كۈلپەتلەر مېنى ئورىۋالدى؛
قەبىھلىكلىرىم مېنى بېسىۋېلىپ، كۆرەلمەيدىغان بولدۇم؛
ئۇلار بېشىمدىكى چېچىمدىن كۆپ،
جاسارىتىم تۈگىشىپ كەتتى.
13 مېنى قۇتقۇزۇشنى توغرا تاپقايسەن، ئى پەرۋەردىگار!
ئى پەرۋەردىگار، تېز كېلىپ، ماڭا ياردەم قىلغايسەن!
14 مېنىڭ ھاياتىمغا چاڭ سالماقچى بولغانلار بىراقلا يەرگە قارىتىلىپ رەسۋا قىلىنسۇن؛
مېنىڭ زىيىنىمدىن خۇرسەن بولغانلار كەينىگە ياندۇرۇلۇپ شەرمەندە بولغاي.

---

7:40 **«ئۆرام يازما دەستۇردا مەن توغرۇلۇق پۈتۈلگەن»** ــ «ئۆرام يازما دەستۇر» مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس قانۇننى كۆرسىتىدۇ.
**8:40** زەب. 31:37؛ يەش. 7:51
**9:40** زەب. 18:35؛ 1:111
**14:40** زەب. 4،26:35؛ 2:70؛ 13:71

15 مېنى: ــ «ۋاھ! ۋاھ!» دەپ مەسخىرە قىلغانلار ئۆز شەرمەندىلىكىدىن
ئالاقزادە بولۇپ كەتسۇن!
16 بىراق سېنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى سەندە شادلىنىپ خۇشال
بولغاي!
نىجاتلىقىڭنى سۆيگەنلەر ھەمىشە: «پەرۋەردىگار ئۇلۇغلانسۇن»
دېيىشكەي!
17 مەن ئېزىلگەن ھەم يوقسۇل بولساممۇ،
بىراق رەب يەنىلا مېنى ياد ئېتىدۇ؛
سەن مېنىڭ ياردەمچىم، مېنىڭ ئازاد قىلغۇچىم؛
ئى خۇدايىم، كېچىكمەي كەلگەيسەن!

## 41-كۈي
## ئاغرىقنىڭ دۇئاسى

41 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت
يازغان كۈي: ــ
غېرىب-ئاجىزلارغا غەمخورلۇق قىلغان كىشى نەقەدەر بەختلىك-ھە!
ئېغىر كۈنلەردە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا پاناھ بولىدۇ.
2 پەرۋەردىگار ئۇنى قوغداپ، ئۇنى ئامان ساقلايدۇ؛
ئۇ زېمىندا تورۇپ بەختىيار ياشايدۇ؛
سەن ئۇنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئىختىيارىغا چۈشۈرمەيسەن!
3 ئورۇن تۇتۇپ زەئىپلىشىپ ياتقىنىدا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا دەرمان
بولىدۇ؛
سەن ئۇنىڭ ياتقان ئورۇن-كۆرپىلىرىنى راسلاپ تۈزەشتۈرۈپ تۇرىسەن.
4 مەن ئىلتىجا قىلىپ: ــ «ئى پەرۋەردىگار، ماڭا مېھرىبانلىق

1:41 «غېرىب-ئاجىزلارغا» ــ ئىبرانىي تىلدا «غېرىب-ئاجىز كىشىگە».
3:41 «سەن ئۇنىڭ ياتقان ئورۇن-كۆرپىلىرىنى راسلاپ تۈزەشتۈرۈپ تۇرىسەن» ــ باشقا
بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن ئۇنى ياتقان ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئەسلىگە كەلتۈرىسەن».

كۆرسەتكەيسەن،
جېنىمغا شىپالىق بەرگەيسەن؛
چۈنكى مەن ئالدىڭدا گۇناھ قىلدىم» ــ دېدىم.
5 دۈشمەنلىرىم مەن توغرۇلۇق: ــ
«ئۇ قاچانمۇ ئۆلۈپ، نامى-نەسلى قۇرۇپ كېتەر؟» ــ دەپ ماڭا يامانلىق تىلەيدۇ.
6 بىرسى مېنى كۆرگىلى كەلگەن بولسا،
ئۇ ئالدامچى سۆزلەرنى قىلىدۇ؛
ئۇلار كەينىمدىن كۆڭلىدە شۇملۇق توپلاپ،
ئاندىن سىرتلارغا چىقىپ شۇ ئىشلارنى تارقىتىپ پو ئاتىدۇ؛
7 ماڭا ئۆچ بولغانلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قارىتا ئۆزئارا كۇسۇرلىشىدۇ،
ئۇلار ماڭا زىيانكەشلىك قەستىدە بولىدۇ.
8 ئۇلار: «ئۇنىڭ بېشىغا جىن-شەيتاندىن بىر كېسەل چاپلاشتى؛
ئەمدى ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى؛
ئۇ قايتىدىن تۇرالمايدۇ» ــ دېيىشىدۇ.
9 ھەتتا سىردىشىم دەپ ئىشەنگەن قەدىناس دوستۇم،
مەن بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ تۇزۇمنى يېگەنمۇ ماڭا پۇت ئاتتى.
10 بىراق سەن پەرۋەردىگار، ماڭا رەھىم قىلغايسەن؛
دۈشمەنلىرىمدىن ئىنتىقام ئېلىشقا،
مېنى تۇرغۇزغايسەن؛
11 دۈشمىنىمنىڭ ئۈستۈمدىن غەلىبە قىلىپ شادلانمىغىنىدىن،
سېنى مەندىن سۆيۈنىدۇ، دەپ بىلىمەن.
12 بىراق ماڭا كەلسەك، دۇرۇس بولغانلىقىمدىن، سەن مېنى يۆلەيسەن؛

4:41 **«چۈنكى مەن ئالدىڭدا گۇناھ قىلدىم»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «چۈنكى مەن ئالدىڭدا گۇناھكار بولدۇم» دېگەن تەرجىمىسى بولىدۇ.
9:41 **«مەن بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ تۇزۇمنى يېگەن...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مەن بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ نېنىمنى يېگەن...».
**9:41** يۇھ. 18:13

سەن مېنى مەڭگۈ ئۆز ھۇزۇرۇڭدا قەد كۆتۈرۈتكۈزۈپ تۇرغۇزىسەن.
13 ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا ئەبەدىلئەبەدگىچە تەشەككۈر-
مەدھىيە قايتۇرۇلغاي!
ئامىن! ئامىن!

# ئىككىنچى بۆلۈم

## 42-كۈي
## خۇداغا تەشنا بولغان مۇساپىرنىڭ دۇئاسى

42 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ،
كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان «ماسقىل»: —

كېيىك ئېرىقلاردىكى سۇغا تەشنا بولغاندەك،
جېنىم ساڭا تەشنادۇر، ئى خۇدا.
2 مېنىڭ جېنىم خۇداغا، ھايات تەڭرىگە ئىنتىزاردۇر؛
ئاھ، مەن قاچانمۇ خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا كۆرۈنۈشكە مۇيەسسەر بولىمەن؟
3 مېنىڭ كېچە-كۈندۈز يېگىنىم كۆز ياشلىرىم بولۇپ كەلگەن؛

1:42 **«كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان «ماسقىل»»** — «كوراھ» مۇسا ۋە ھارۇن پەيغەمبەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن كىشى. ىبراق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خۇدانىڭ يولىدا ماڭاتتى. ئۇلار بەلكىم «كاھىن» (قۇربانلىق قىلغۇچى) بولۇپ، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا ئىبادەت خىزمىتىدە زەبۇردىكى يېقىملىق مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىش بىلەن شۇغۇللانغان.
—بۇ كۈيدىن قارىغاندا، يازغۇچى ئىسرائىلنىڭ شىمالىي پادىشاھلىقىدىكى لىۋان دېگەن خىلۋەت تاغلىق رايونغا سۈرگۈن قىلىنغان.
—**«ماسقىل»** — «ماسقىل»نىڭ مەنىسى بىزگە نامەلۇم؛ بەزى ئالىملار ئۇنى «تەربىيىلىك» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۇنى «ماھىرلىق بىلەن ئېيتىلسۇن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ.
**2:42** زەب. 63:1-2

خەقلەر كۈن بويى مەندىن: «خۇدايىڭ قەيەردە؟» دەپ سورايدۇ.
[4] ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ،
جېنىمنىڭ دەردلىرىنى تۆكۈۋاتىمەن
(مەن كۆپچىلىك بىلەن كېتىۋېتىپ،
خۇدانىڭ ئۆيىگە تەنتەنە قىلىپ مېڭىپ،
خۇشاللىقتا ھەمدۇسانا ئوقۇپ، ناخشا ئېيتىپ،
ھېيتنى تەبرىكلىگەن توپ-توپ قوشۇندەك، جامائەت بىللە بىللە باراتتىم!).
[5] ــ ئى جېنىم، سەن تېنىمدە نېمىشقا بۇنداق قايغۇرىسەن؟
نېمىشقا ئىچىمدە بۇنداق مەيۈسلىنىپ كەتتىڭ؟
خۇداغا ئۈمىد باغلا؛
چۈنكى ئۇنىڭ جامالىدىن چىققان نىجاتلىقتىن،
مەن ئۇنى يەنىلا ئۇلۇغلايمەن، ــ مېنىڭ خۇدايىمنى!
[6] جېنىم ئىچىمدە مەيۈسلىنىپ كەتتى؛
شۇڭا مەن سېنى سېغىنىمەن؛
ھەتتا مۇساپىرلىقتا ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى ۋادىلاردا،
ھەرمون تاغلىرىدا، مىزار تېغىدىمۇ سېنى سېغىنىمەن.
[7] سېنىڭ شارقىراتمىلىرىڭنىڭ ئاۋازلىرىغا،
چوڭقۇر ھاڭ بىلەن چوڭقۇر ھاڭ ماسلىشىپ ھۆركىرىمەكتە.
سېنىڭ ھەممە دولقۇنلىرىڭ ھەم قاينام-تاشقىنلىرىڭ مېنى غەرق قىلدى.
[8] كۈندۈزى پەرۋەردىگار ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىنى ماڭا بۇيرۇيدۇ،
كېچىلىرى ئۇنىڭ ناخشىسى،
ۋە ھەم ھاياتىم بولغان تەڭرىگە قىلغان دۇئا ماڭا ھەمراھ بولىدۇ.
[9] مەن قورام تېشىم بولغان خۇداغا: ــ
«مېنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدىڭ؟

---

**3:42** زەب. 5:80

**5:42** زەب. 5:43

مەن نېمىشقا دۈشمەننىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ،
ھەمىشە ئازاب چېكىپ يۈرۈۋاتىمەن؟» ــ دەيمەن.
[10] سۆڭەكلىرىمنى ئەزگەندەك رەقىبلىرىم مېنى مەسخىرە قىلىپ ئەيىبلەيدۇ؛
ئۇلار كۈن بويى مەندىن: «خۇدايىڭ قەيەردە؟» ــ دەپ سورىماقتا.
[11] ئى جېنىم، تېنىمدە نېمىشقا بۇنداق قايغۇرىسەن؟
نېمىشقا ئىچىمدە بۇنداق مەيۈسلىنىپ كەتتىڭ؟
خۇداغا ئۈمىد باغلا؛
چۈنكى مەن ئۇنى يەنىلا مەدھىيىلەيمەن،
يەنى چىرايىمغا سالامەتلىك، نىجاتلىق ئاتا قىلغۇچى خۇدايىمنى مەدھىيىلەيمەن!
ئۇ مېنىڭ خۇدايىمدۇر!

## 43-كۈي
## سەرگەردانىنىڭ دۇئاسى
## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

43 [1] ئى پەرۋەردىگار، مەن توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغايسەن،
دەۋايىمنى ئەقىدىسىز بىر خەلق ئالدىدا سورىغايسەن؛
مېنى ھىيلىگەر ھەم قەبىھ ئادەمدىن قۇتۇلدۇرغايسەن.
[2] چۈنكى سەن پاناھگاھىم بولغان خۇدادۇرسەن؛
نېمىشقا مېنى تاشلاۋەتكەنسەن؟
نېمىشقا دۈشمەننىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ،
ھەمىشە ئازاب چېكىپ يۈرۈۋاتىمەن؟» ــ دەيمەن.
[3] ئۆز ھەقىقىتىڭ ۋە نۇرۇڭنى ئەۋەتكىن،

---

**9:42** زەب. 35:11-17؛ 38:6؛ 43:2
**1:43** **«ئىزاھات»** ــ كۆپ ئالىملار 42- ھەم 43-كۈي ئەسلىدە بىر كۈي ئىدى، دەپ قارايدۇ.
**2:43** زەب. 35:11-17؛ 38:6؛ 42:10

ئۇلار مېنى يېتەكلىگەي!
مېنى مۇقەددەس تېغىڭغا،
ماكانىڭغا ئېلىپ كەلگەي!
4 شۇنىڭ بىلەن مەن خۇدانىڭ قۇربانگاھى ئالدىغا باراي،
يەنى مېنىڭ چەكسىز خۇشلۇقۇم بولغان تەڭرىنىڭ يېنىغا باراي؛
بەرھەق، چىلتار چېلىپ سېنى مەدھىيىلەيمەن، ئى خۇدا، مېنىڭ
خۇدايىم!
5 ئى جېنىم، سەن نېمىشقا بۇنداق قايغۇرىسەن؟
نېمىشقا ئىچىمدە بۇنداق بىئارام بولۇپ كېتىسەن؟
خۇداغا ئۈمىد باغلا!
چۈنكى مەن ئۇنى يەنىلا مەدھىيىلەيمەن،
يەنى چىرايىمغا سالامەتلىك، نىجاتلىق ئاتا قىلغۇچى خۇدايىمنى
مەدھىيىلەيمەن!

## 44-كۈي
## مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى مۇناجات

44 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ،
كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان «ماسقىل»: —

ئى خۇدا، ئۆز قۇلاقلىرىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق،
ئاتىلىرىمىز بىزگە بايان قىلىپ،
ئۆز كۈنلىرىدە، يەنى قەدىمكى زامانلاردا سېنىڭ قىلغان زور

---

3:43 **«ماكانىڭغا ئېلىپ كەلگەي!»** — ئىبرانىي تىلدا «ماكانلىرىڭغا ئېلىپ كەلگەي!».
5:43 **«چۈنكى مەن ئۇنى يەنىلا مەدھىيىلەيمەن، يەنى چىرايىمغا سالامەتلىك، نىجاتلىق ئاتا قىلغۇچى خۇدايىمنى مەدھىيىلەيمەن!»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى ئۇنىڭ جامالىدىن چىققان نىجاتلىق بىلەن، مەن ئۇنى يەنىلا ئۇلۇغلايمەن، مېنىڭ خۇدايىم!».
**5:43** زەب. 5،11:42

ئىشلىرىڭنى ئۇقتۇرغانىدى؛
2 سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆز قولۇڭ بىلەن يات ئەللەرنى قوغلىۋېتىپ،
ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇردۇڭ؛
يات قوۋملارغا ئاپەت چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى تارقىتىۋەتتىڭ.
3 بەرھەق، بوۋىلىرىمىز زېمىنىنى ئۆز قىلىچى بىلەن ئالغىنى يوق،
ئۆز بىلىكى بىلەن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغىنىمۇ يوق؛
بۇ بەلكى سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ، سېنىڭ بىلىكىڭ ۋە جامالىڭنىڭ نۇرىنىڭ قىلغىنىدۇر؛
چۈنكى سەن ئۇلاردىن خۇرسەنلىك تاپتىڭ.
4 سەن ئۆزۈڭ مېنىڭ پادىشاھىمدۇرسەن، ئى خۇدا،
سەن ياقۇپ ئۈچۈن غەلىبىلەر بۇيرۇغۇچىدۇرسەن.
5 سەن ئارقىلىق بىز رەقىبلىرىمىزنى ھەيدىۋېتىمىز؛
نامىڭ بىلەن ئۆزىمىزگە قارشى تۇرغانلارنى چەيلەيمىز؛
6 چۈنكى ئۆز ئوقيايىمغا تايانمايمەن،
قىلىچىممۇ مېنى قۇتقۇزالمايدۇ.
7 چۈنكى سەن بىزنى رەقىبلىرىمىزدىن قۇتقۇزدۇڭ،
بىزگە ئۆچ بولغانلارنى يەرگە قاراتتىڭ.
8 خۇدانى كۈن بويى ئىپتىخارلىنىپ ماختايمىز؛
نامىڭنى ئەبەدىلئەبەدگىچە مەدھىيىلەيمىز.
سېلاھ!
9 بىراق سەن ھازىر بىزنى تاشلاۋېتىپ ئاھانەتكە قالدۇردۇڭ؛

---

2:44 «يات قوۋملارغا ئاپەت چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى دېمەك، يات ئەللەرنى تارقىتىۋەتتىڭ» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «يات قوۋملارغا ئاپەت چۈشۈردۇڭ، بىراق ئۇلارنى (دېمەك، ئۆز خەلقىڭنى) روناق تاپقۇزدۇڭ».

**2:44** مىس. 17:15؛ زەب. 80:8-9

4:44 **«سەن ياقۇپ ئۈچۈن غەلىبىلەر بۇيرۇغۇچىدۇرسەن»** — بۇ يەردە «ياقۇپ» ئىسرائىل خەلقىنى كۆرستىدۇ، ئەلۋەتتە.

قوشۇنلىرىمىز بىلەن جەڭگە بىللە چىقمايسەن.
[10] سەن رەقىبلىرىمىز ئالدىدا بىزنى چېكىندۈردۈڭ؛
بىزنى ئۆچمەنلەرگە خالىغانچە تالان-تاراج قىلدۇردۇڭ.
[11] سويۇشقا تاپشۇرۇلغان قويلاردەك، بىزنى ئۇلارغا تاپشۇردۇڭ،
ئەللەر ئارىسىغا بىزنى تارقىتىۋەتتىڭ.
[12] سەن ئۆز خەلقىڭنى بىكارغا سېتىۋەتتىڭ،
ئۇنىڭ قىممىتىدىن ئۆزۈڭ ھېچ بېيىپ كەتمىدىڭ؛
[13] سەن بىزنى قوشنا ئەللەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇرغانسەن؛
ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ئاھانەت، زاڭلىق ئوبيېكتى قىلدىڭسەن.
[14] سەن بىزنى ئەللەر ئارىسىدا سۆز-چۆچەككە قويدۇڭسەن،
يات قوۋملار بىزگە باش چايقىشىپ قاراشماقتا.
[16-15] مەسخىرە ھەم كۇپۇرلۇق ئېيتقۇچىلارنىڭ ئاۋازى تۈپەيلىدىن،
دۈشمەنلەر ۋە ئۆچ ئالغۇچىلار تۈپەيلىدىن،
كۈن بويى ئۇياتىم ئالدىمدىن كەتمەيدۇ،
يۈزۈمنىڭ نومۇسى مېنى چىرمىۋالدى.
[17] مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىمىزغا چۈشتى؛
بىراق بىز سېنى ئۇنتۇمىدۇق،
ياكى ئەھدەڭگە ھېچ ئاسىيلىق قىلمىدۇق؛
[18] قەلبىمىز ھېچ يانمىدى، ساڭا ساداقەتسىزلىك قىلمىدۇق،
قەدەملىرىمىز يولۇڭدىن ھېچ ئېزىپ كەتمىدى.
[19] بىراق سەن بىزنى چىلبۆرىلەر ماكانىدا ئەزدىڭ،
بىزگە ئۆلۈم سايىسىنى چاپلاشتۇردۇڭ.
[20] ئەگەر بىز خۇدايىمىزنىڭ نامىنى ئۇنتۇغان بولساق،
ياكى يات بىر ئىلاھقا قول كۆتۈرگەن بولساق،
[21] خۇدا سەن چوقۇم بۇنى سۈرۈشتە قىلماس ئىدىڭمۇ،
قەلبتىكى سىرلارنى بىلىپ تۇرىدىغان تۇرساڭ؟

---

**9:44** زەب. 3:60؛ 1:74؛ 89:38-39؛ 11:108

**13:44** زەب. 4:79؛ 6:80؛ يەر. 9:24

22 بىراق سەن تۈپەيلى بىز كۈن بويى قىرىلماقتىمىز؛
بوغۇزلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان قويلار كەبى ھېسابلانماقتىمىز.
23 ئويغان، ئى رەب! نېمىشقا ئۇخلاپ ياتىسەن؟
ئورنۇڭدىن تۇر، بىزنى مەڭگۈگە تاشلاۋەتمىگەيسەن!
24 نېمىشقا يۈزۈڭنى بىزدىن يوشۇرىسەن؟
نېمىشقا كۈلپەتلىرىمىزگە، ئۇچرىغان زۇلۇملىرىمىزغا پىسەنت قىلمايسەن؟
25 قارىغىنا، جېنىمىز تۇپراقتا بىغىرلاپ يۈرىدۇ؛
تېنىمىز يەرگە چاپلاشتى؛
26 ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بىزگە ياردەمدە بولغايسەن!
ئۆزۈڭنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ سەۋەبىدىن،
بىزلەرنى ھۆرلۈككە چىقارغايسەن!

## 45-كۈي
## پادىشاھنىڭ توي مۇناجىتى
## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

45 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «نىلۇپەرلەر» دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئوغۇللىرىغا تاپشۇرۇلغان، «سۆيۈملۈك يار ئۈچۈن» دېگەن «ماسقىل» مۇناجات-ناخشا: ــ

قەلبىمدىن گۈزەل ئىش توغرىسىدا سۆزلەر ئۇرغۇپ چىقماقتا؛
پادىشاھقا بېغىشلىغان مۇناجىتىمنى ئېيتىمەن؛
تىلىم گويا ماھىر شائىرنىڭ قەلىمىدۇر؛

---

22:44 رىم. 36:8

1:45 **«ئىزاھات»** ــ گەرچە بۇ كۈي سۇلايماننىڭ توي كۈننى تەبرىكلەشكە يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر بېشارەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ پادىشاھى بولىدىغان مەسىھنىمۇ ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ. **«پادىشاھقا بېغىشلىغان مۇناجىتىمنى ئېيتىمەن»** ــ ئىبرانىي تىلدا

2 ئىنسان باللىرى ئىچىدە سەن ئەڭ گۈزەلدۇرسەن؛
لەۋلىرىڭ شاپائەت بىلەن تولدۇرۇلغاندۇر؛
شۇڭا خۇدا ساڭا مەڭگۈگە رەھمەت قىلدى.
3 ئى بۈيۈك بولغۇچى،
قىلىچىڭنى ئاسقىن يېنىڭغا،
ھەيۋىتىڭ ۋە شانۇ-شەۋكىتىڭ بىلەن!
4 ھەقىقەت، كەمتەرلىك ھەم ئادالەتنى ئالغا سۈرۈشكە ئاتلانغىنىڭدا،
شانۇ-شەۋكەت ئىچىدە غەلىبە بىلەن ئالغا باس!
شۇنىڭ بىلەن ئوڭ قولۇڭ ئۆزۈڭگە كارامەت قورقۇنچلۇق ئىشلارنى
كۆرسىتىدۇ!
5 سېنىڭ ئوقلىرىڭ ئۆتكۈردۇر،
ئۇلار پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىدۇ؛
پۈتۈن ئەللەر ئايىغىڭغا يىقىتىلىدۇ.
6 سېنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر؛
پادىشاھلىقىڭدىكى شاھانە ھاساڭ، ئادالەتنىڭ ھاسىسىدۇر.
7 سەن ھەققانىيلىقنى سۆيۈپ، رەزىللىككە نەپرەتلىنىپ كەلگەنسەن؛
شۇڭا خۇدا، يەنى سېنىڭ خۇدايىڭ، سېنى ھەمراھلىرىڭدىن ئۈستۈن
قىلىپ شادلىق مېيى بىلەن مەسىھ قىلدى.
8 سېنىڭ كىيىملىرىڭدىن مۇرمەككى، مۇئەتتەر ۋە دارچىن ھىدى
كېلىدۇ؛

---

«پادىشاھقا بېغىشلىغان ئەسىرىمنى ئېيتىمەن».
**4:45** زەك. 9:9
**6:45** **«سېنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر»** — ئىنجىلدىكى «ئىبرانىيلارغا» دېگەن قىسمىدا (1-بابتا) كۆرسەتكەندەك، بۇ سۆزلەر (شۇنداقلا كېيىنكى 7-ئايەتكىچە) بېشارەتلىك سۆيەتتە پادىشاھنىڭ ئۆزىگە (يەنى مەسىھكە) ئېيتىلىدۇ («ئىبر.» 1:8-9).
**6:45** ئىبر. 8:1
**7:45** **«شۇڭا خۇدا ... سېنى ... شادلىق مېيى بىلەن مەسىھ قىلدى»** — «مەسىھ قىلىش» توغرۇلۇق 2-كۈيدىكى ئىزاھاتلارنى ھەم «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.
**7:45** يەش. 61:1-2؛ روس. 38:10

پىل چىشى سارايلىرىدىكى سازەندىلەرنىڭ تارلىق سازلىرى سېنى
خۇرسەن قىلىدۇ.
9 پادىشاھلارنىڭ مەلىكىلىرى ھۆرمەتلىك كېنىزەكلىرىڭنىڭ
قاتارىدىدۇر؛
خانىشىڭ ئوفىردىكى ساپ ئالتۇن زىبۇ-زىنەتلەرنى تاقاپ ئوڭ
قولۇڭدا تۇرىدۇ؛
10 «ئاڭلىغىن، ئى قىزىم، كۆرگىن، سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغىن؛
ئۆز قەبىلەڭ ۋە ئاتا جەمەتىڭنى ئۇنتۇپ قال!
11 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ گۈزەل جامالىڭغا مەپتۇن بولىدۇ؛
ئۇ سېنىڭ خوجاڭ، سەن ئۇنىڭغا سەجدە قىل».
12 تۇر شەھىرىنىڭ قىزى ئالدىڭدا سوۋغا بىلەن ھازىر بولىدۇ؛
خالايىق ئارىسىدىكى بايلار سېنىڭ شاپائىتىڭنى كۈتىدۇ؛
13 شاھانە قىزنىڭ ئىچكى دۇنياسى پۈتۈنلەي پارلاقتۇر،
ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ زەر بىلەن كەشتىلەنگەن؛
14 ئۇ كەشتىلىك كىيىملەر بىلەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلىدۇ؛
كەينىدىن ئۇنىڭغا قولداش كېنىزەكلەرمۇ بىللە يېنىڭغا ئېلىپ
كېلىنىدۇ؛
15 ئۇلار خۇشال-خۇرام، شادلىق ئىچىدە باشلاپ كېلىنىدۇ؛
ئۇلار بىرلىكتە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىشىدۇ.
16 «ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ ئورنىغا ئوغۇللىرىڭ چىقىدۇ؛

---

**8:45** يەش. 61:1-2؛ روس. 38:10

**9:45** **«ھۆرمەتلىك كېنىزەكلىرىڭنىڭ قاتارىدىدۇر»** ــ ياكى «مۆھتەررەم مېھمانلىرىڭنىڭ قاتارىدىدۇر».

**12:45** **«تۇر شەھىرىنىڭ قىزى»** ــ تۇر شەھىرىدىكى پۇقرالارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**12:45** زەب. 72:10-11

**13:45** **«شاھانە قىزنىڭ ئىچكى دۇنياسى پۈتۈنلەي پارلاقتۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پادىشاھنىڭ قىزى ئىچكى ھۇجرىدا شەرەپلىكتۇر».

**14:45** **«كەينىدىن ئۇنىڭغا قولداش كېنىزەكلەرمۇ بىللە يېنىڭغا ئېلىپ كېلىنىدۇ»** ــ «يېنىڭغا» تويى قىلىنىۋاتقان پادىشاھنىڭ يېنىنى كۆرسەتسە كېرەك.

سەن ئۇلارنى پۈتكۈل جاھانغا ھاكىم قىلىسەن.
[17] مەن سېنىڭ نامىڭنى ئەۋلاددىن-ئەۋلادقا ياد ئەتكۈزىمەن؛
شۇڭلاشقا بارلىق قوۋملار سېنى ئەبەدىلئەبەدگىچە مەدھىيىلەيدۇ».

## 46-كۈي
## خۇدا باشپاناھتۇر

46 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «پاك قىزلار ئۈچۈن»
دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن
يېزىلغان كۈي: —

خۇدا پاناھگاھىمىز ۋە قۇدرىتىمىزدۇر؛
كۈلپەتلەر چۈشكەن ھامان ھازىر بولىدىغان بىر ياردەمچىدۇر.
[2-3] شۇڭا يەر-زېمىن ئۆزگىرىپ، تاغلار گۈمۈرۈلۈپ دېڭىز تەگلىرىگە
چۈشۈپ كەتسىمۇ،
ئۇنىڭ دولقۇنلىرى شاۋقۇنلىنىپ قاينام بولسىمۇ،
ئۆركەشلىرى بىلەن تاغلار سىلكىنىپ كەتسىمۇ،
قورقمايمىز.
سېلاھ.
[4] خۇدانىڭ شەھىرىنى — يەنى ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى ماكانلاشقان
مۇقەددەس جايىنى،
خۇرسەن قىلىدىغان ئېقىنلىرى شاخلىغان بىر دەريا باردۇر.
[5] خۇدا ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىدۇر؛
ئۇ يەر ھەرگىز تەۋرىمەيدۇ؛

16:45 **«ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ ئورنىغا ئوغۇللىرىڭ چىقىدۇ؛ سەن ئۇلارنى پۈتكۈل جاھانغا ھاكىم قىلىسەن...»** — بۇ سۆزلەر (16- ھەم 17-ئايەت) پادىشاھقا بىۋاستە ئېيتىلىدۇ.
1:46 **«پاك قىزلار ئۈچۈن»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئالاموت» دېيىلىدۇ. باشقا بىرخىل مەنىسى: «ئاياللارنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق كۈيى ئۈچۈن يېزىلغان» دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

خۇدا تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئۇنىڭغا ياردەمگە كېلىدۇ.
[6] بارلىق ئەللەر قايناپ، پادىشاھلىقلار تىترەپ كەتتى؛
ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋەتكەن ھامان،
يەر ئېرىپ كېتىدۇ.
[7] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار بىز بىلەن بىللە؛
ياقۇپنىڭ خۇداسى ئېگىز قورغىنىمىزدۇر!
سېلاھ!
[8] كېلىڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ قىلغانلىرىنى كۆرۈڭلار!
ئۇ يەر يۈزىدە قىلغان كارامەت ۋەيرانچىلىقلارنى كۆرۈڭلار!
[9] ئۇ، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگىچە بولغان ئۇرۇشلارنى توختىتىدۇ؛
ئۇ ئوقيالارنى سۇندۇرىدۇ،
نەيزىلەرنى ئوشتۇۋېتىدۇ،
جەڭ ھارۋىلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.
[10] ئۇ: «توختاش، مېنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قويۇش!
مەن پۈتكۈل ئەللەر ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىمەن؛
مەن يەر يۈزىدە ”بۈيۈك“ دەپ قارىلىمەن» ــ دەيدۇ.
[11] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار بىز بىلەن بىللە،
ياقۇپنىڭ خۇداسى بىزنىڭ ئېگىز قورغىنىمىزدۇر!

## 47-كۈي
## خۇدا مەڭگۈ غەلىبە قىلغۇچىدۇر

47 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان كۈي: ــ
بارلىق قوۋملار، خۇدانى ئالقىشلاڭلار!
ئۇنىڭغا يۇقىرى ئاۋازىڭلار بىلەن خۇشاللىق تەنتەنىسىنى

8:46 «... ئۇ پەرۋەردىگار يەر يۈزىدە قىلغان كارامەت ۋەيرانچىلىقلارنى كۆرۈڭلار» ــ پەرۋەردىگارنىڭ «ۋەيرانچىلىق»لىرىنىڭ ئىنتايىن ئىجابىي نەتىجىسى بار ــ 9-ئايەتنى كۆرۈڭ.

ياڭرىتىڭلار!

2 چۈنكى ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى، پەرۋەردىگار، دەھشەتلىك ۋە
ھەيۋەتلىكتۇر،

پۈتكۈل جاھاننى سورىغۇچى بۈيۈك پادىشاھتۇر.

3 ئۇ بىزگە خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ،

بىزنى ئەل-مىللەتلەر ئۈستىگە ھاكىم قىلىدۇ.

4 ئۇ بىز ئۈچۈن مىراسىمىزنى تاللاپ،

يەنى ئۆزى سۆيگەن ياقۇپنىڭ پەخرى بولغان زېمىننى بىكىتىپ بەردى.

سېلاھ!

5 خۇدا تەنتەنە ساداسى ئىچىدە،

پەرۋەردىگار سۇناي ساداسى ئىچىدە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى؛

6 خۇداغا ناخشا-كۈي ئېيتىڭلار، ناخشا-كۈي ئېيتىڭلار!

پادىشاھىمىزغا ناخشا-كۈي ئېيتىڭلار، ناخشا-كۈي ئېيتىڭلار!

7 خۇدا پۈتكۈل جاھاننىڭ پادىشاھىدۇر؛

زېھنىڭلار بىلەن ئۇنىڭغا ناخشا-كۈي ئېيتىڭلار!

8 خۇدا ئەللەر ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ؛

ئۇ ئۆزىنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىنىڭ تەختىدە ئولتۇرىدۇ.

9 ئەل-يۇرتلارنىڭ كاتتىلىرى جەم بولۇپ،

ئىبراھىمنىڭ خۇداسىنىڭ خەلقىگە قوشۇلدى؛

چۈنكى جاھاندىكى بارلىق قالقانلار خۇداغا تەۋەدۇر؛

ئۇ نەقەدەر ئالىيدۇر!

---

2:47 **«...پەرۋەردىگار، دەھشەتلىك ۋە ھەيۋەتلىكتۇر»** — ئىبرانىي تىلدا «دەھشەتلىك» ھەم «ھەيۋەتلىك» بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

3:47 **«... بىزنى ئەل-مىللەتلەر ئۈستىگە ھاكىم قىلىدۇ»** — ئىبرانىي تىلدا: — «... ئەل-مىللەتلەرنى پۇتىمىز ئاستىدا قىلىدۇ».

9:47 **«... جاھاندىكى بارلىق قالقانلار خۇداغا تەۋەدۇر»** — «قالقانلار» بەلكىم دۇنيادىكى بارلىق قورال-ياراقلارنى كۆرسىتىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «پادىشاھلار».

# 48-كۈي
## زىئون ـ خۇدانىڭ شەھىرى

48 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان كۈي: ــ

ئۇلۇغدۇر پەرۋەردىگار،
خۇدايىمىزنىڭ شەھىرىدە، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكى تۇرغان تاغدا،
ئۇ زور مەدھىيەلەرگە لايىقتۇر!
[2] ئېگىزلىكىدىن كۆركەم، زىئون تېغى،
پۈتكۈل جاھاننىڭ خۇرسەنلىكىدۇر؛
شىمالىي تەرەپلىرى گۈزەلدۇر،
بۈيۈك پادىشاھنىڭ شەھىرىدۇر!
[3] خۇدا قورغانلىرىدا تۇرىدۇ،
بۇ يەردە ئۇ ئېگىز پاناھگاھ دەپ تونۇلىدۇ؛
[4] مانا، پادىشاھلار يىغىلدى،
ئۇلار شەھەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، جەم بولدى.
[5] شەھەرنى كۆرۈپلا ئۇلار ئالاقزادە بولدى؛
دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ بەدەر قېچىشتى.
[6] ئۇ يەردە ئۇلارنى تىترەك باستى،
تولغاق يېگەن ئايالدەك ئۇلار ئازابلاندى؛
[7] سەن تارشىشتىكى كېمىلەرنى شەرق شامىلى بىلەن ۋەيران قىلىۋەتتىڭ.

---

2:48 **«شىمالىي تەرەپلىرى گۈزەلدۇر»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى «زافون تېغى چوققىلىرىدەك گۈزەلدۇر». كونا بۇتپەرەسلىك رىۋايەتلىرى بويىچە، «زافون تېغى» دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز، ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ئۇلۇغ جاي ئىدى. مۇمكىنچىلىكى باركى، كۈي مۇئەللىپى مۇشۇ يەردە زىئوننى ئۇنىڭغا ئوخشىتىدۇ.

**2:48** مات. 35:5

7:48 **«تارشىشتىكى كېمىلەر»** ــ بۇ ئايەت بەلكىم بىر بېشارەتتۇر. دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلار جەم بولۇپ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلماقچى. ئۇلارغا تارشىشتىكى كېمىلەرمۇ (كونا زامانلاردا ئەڭ

[8] قۇلىقىمىز ئاڭلىغاننى،
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ شەھىرىدە،
خۇدايىمىزنىڭ شەھىرىدە،
بىز ھازىر ئۆز كۆزىمىز بىلەن شۇنداق كۆردۇق؛
خۇدا مەڭگۈگە ئۇنى مۇستەھكەم قىلىدۇ.
سېلاھ.
[9] بىز سېنىڭ ئىبادەتخاناڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئى خۇدا،
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى سېغىندۇق.
[10] نامىڭغا لايىقتۇر،
جاھاننىڭ چەت-چەتلىرىگىچە يەتكۈزۈلگەن مەدھىيىلىرىڭ، ئى خۇدا؛
سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ ھەققانىيلىق بىلەن تولغان.
[11] سېنىڭ ئادىل ھۆكۈملىرىڭدىن،
زىئون تېغى شادلانغاي!
يەھۇدا قىزلىرى خۇشال بولغاي!
[12] زىئون تېغىنى ئايلىنىپ مېڭىپ،
ئەتراپىدا سەيلى قىلىڭلار؛
ئۇنىڭ مۇنارلىرىنى ساناپ بېقىڭلار؛
[13] كېيىنكى ئەۋلادقا ئۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن،
سېپىل-ئىستىھكاملىرىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىڭلار،
قورغانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار.
[14] چۈنكى بۇ خۇدا ئەبەدىلئەبەد بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر؛
ئۇ ئۆمۈرۋايەت بىزنىڭ يېتەكچىمىز بولىدۇ!

كۆچلۈك كېمىلەر) ياردەم بېرىدۇ. بىراق خۇدا ئۆز شەھىرىنى قوغداپ ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ.
11:48 **«يەھۇدا قىزلىرى خۇشال بولغاي!»** ــ «يەھۇدا قىزلىرى» بۇ يەردە يەھۇدانىڭ شەھەر-يېزىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## 49-كۈي

## پۈتۈن ئىنسانغا بېرىلگەن نەسىھەت-ئاگاھلاندۇرۇش

49 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان كۈي: ــ

ئى بارلىق خەلقلەر، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار!
يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقانلار، قۇلاق سېلىڭلار!
[2] مەيلى ئاددىي پۇقرا، يا ئېسىلزادىلەر،
يا باي، يا گادايلار بولسۇن، ھەممىڭلار ئاڭلاڭلار!
[3] ئاغزىم دانالىقنى سۆزلەيدۇ،
دىلىم ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىشلارنى ئويلاپ چىقىدۇ.
[4] قۇلىقىم ھېكمەتلىك تەمسىلنى زەن قويۇپ ئاڭلايدۇ،
چىلتار چېلىپ سىرلىق سۆزنى ئېچىپ بېرىمەن.
[5] ئېغىر كۈنلەردە، مېنى قىلتاقا چۈشۈرمەكچى بولغانلارنىڭ
قەبىھلىكلىرى ئەتراپىمدا بولسىمۇ،
مەن نېمىشقا قورقىدىكەنمەن؟
[6] ئۇلار بايلىقلىرىغا تايىنىدۇ،
مال-مۈلۈكلىرىنىڭ زورلۇقى بىلەن چوڭچىلىق قىلىدۇ؛
[7-9] ئىنسان مەڭگۈگە ياشاپ،
گۆر-ھاڭنى كۆرمەسلىكى ئۈچۈن،
ھېچكىم ئۆز بۇرادىرىنىڭ ھاياتىنى پۇل بىلەن قايتۇرۇۋالالمايدۇ؛
ۋە ياكى خۇداغا ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرغۇدەك باھانى بېرەلمەيدۇ؛
(چۈنكى ئۇنىڭ جېنىنىڭ باھاسى ئىنتايىن قىممەت،
ۋە بۇ باھا بويىچە بولغاندا، مەڭگۈگە قەرز تاپشۇرۇشى كېرەكتۇر)

---

3:49 **«ئاغزىم دانالىقنى سۆزلەيدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاغزىم دانالىقلارنى سۆزلەيدۇ».

**4:49** زەب. 2:78؛ مات. 35:13

9-7:49 **«ۋە بۇ باھا بويىچە بولغاندا، مەڭگۈگە قەرز تاپشۇرۇشى كېرەكتۇر»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «ۋە مۇشۇ باھا بولسا، ئۇنى ئەبەدىي تۆلىيەلمەيدۇ».

10 ھەممىگە ئايانكى، دانىشمەن ئادەملەرمۇ ئۆلىدۇ؛
ھەممە ئادەم بىلەن تەڭ، نادان ۋە ھاماقەتلەر بىللە ھالاك بولىدۇ،
شۇنداقلا ئۇلار مال-دۇنياسىنى ئۆزگىلەرگە قالدۇرۇپ كېتىدۇ.
11 ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي-پىكىرلەر شۇنداقكى:
«ئۆي-ئىمارىتىمىز مەڭگۈگە،
ماكان-تۇرالغۇلىرىمىز دەۋردىن-دەۋرگىچە بولىدۇ»؛
ئۇلار ئۆز يەرلىرىگە ئىسىملىرىنى نام قىلىپ قويىدۇ.
12 بىراق ئىنسان ئۆزىنىڭ نام-ئىززىتىدە تۇرىۋەرمەيدۇ،
ئۇ ھالاك بولغان ھايۋانلاردەك كېتىدۇ.
13 ئۇلارنىڭ مۇشۇ يولى دەل ئۇلارنىڭ نادانلىقىدۇر؛
لېكىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن دۇنياغا كەلگەنلەر، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.
سېلاھ.
14 ئۇلار قويلاردەك تەھتىساراغا ياتقۇزۇلىدۇ؛
ئۆلۈم ئۇلارنى ئۆز ئوزۇقى قىلىدۇ؛
ئەتىسى سەھەردە دۇرۇسلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ؛
ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى چىرىتىلىشقا تاپشۇرۇلىدۇ؛
تەھتىسارا بولسا ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك ماكانىدۇر!
15 بىراق خۇدا جېنىمنى تەھتىسارانىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزىدۇ؛
چۈنكى ئۇ مېنى قوبۇل قىلىدۇ.

11:49 **«ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي-پىكىرلەر شۇنداقكى: «ئۆي-ئىمارىتىمىز مەڭگۈگە...»؛ ئۇلار ئۆز يەرلىرىگە ئىسىملىرىنى نام قىلىپ قويىدۇ»** ــ تولۇق ئايەتنىڭ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇلار يەرلىرىگە ئۆز ئىسىملىرىنى نام قىلىپ قويغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ شۇ يەرلىرى دەۋردىن-دەۋرگىچە ئۇلارنىڭ ياتىدىغان جايى، يەنى ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى بولىدۇ، خالاس».
14:49 **«ئەتىسى سەھەردە دۇرۇسلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ»** ــ «ئەتىسى سەھەر» بۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى، يەنى ئۆلۈمدىن تىرىلىش كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇلار قويلاردەك تەھتىساراغا ياتقۇزۇلىدۇ... تەھتىسارا بولسا ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك ماكانىدۇر!»** ــ تولۇق ئايەتنىڭ باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلەر ئۇچرىشى مۇمكىن.
**14:49** زەب. 15:17

سېلاھ.

[16] بىرسى بېيىپ كېتىپ،
ئائىلە-جەمەتىنىڭ ئابرۇيى ئۆسۈپ كەتسىمۇ، قورقما؛
[17] چۈنكى ئۇ ئۆلگەندە ھېچنەرسىسىنى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ؛
ئۇنىڭ شۆھرىتى ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۆرگە چۈشمەيدۇ.
[18] گەرچە ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆزىنى بەختلىك چاغلىغان بولسىمۇ،
(بەرھەق، كىشىلەر روناق تاپقىنىڭدا، ئەلۋەتتە سېنى ھامان ماختايدۇ)
[19] ئاخىرى بېرىپ، ئۇ يەنىلا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ؛
ئۇلار مەڭگۈگە يورۇقلۇقنى كۆرەلمەيدۇ.
[20] ئىنسان ئىززەت-ئابرۇيدا بولۇپ، لېكىن يورۇتۇلمىسا،
ھالاك بولىدىغان ھايۋانلارغا ئوخشاش بولىدۇ، خالاس.

## 50-كۈي
## ساماۋىي سوتچى سۆكۈتنى بۇزۇپ سۆزلەيدۇ: — «ھەقىقىي ئىبادەت» دېگەن نېمە؟

50 [1] ئاساف يازغان كۈي: —

قادىر خۇدا، يەنى پەرۋەردىگار ئېغىز ئېچىپ،
كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە يەر يۈزىدىكىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى.
[2] گۈزەللىكنىڭ جەۋھىرى بولغان زىئون تېغىدىن،

---

1:50 **«ئاساف يازغان كۈي»** — «ئاساف» داۋۇت پادىشاھنىڭ دەۋرىدە مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا خۇدانى مەدھىيەلەش خىزمىتىدە نەغمىچىلەرنىڭ بېشى ئىدى. ئۇ بەلكىم مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى «خۇدانى مەدھىيىلەش مەدرىسى»نىڭ ئاساسچىسى بولۇشى مۇمكىن. زەبۇردىكى «ئاساف يازغان كۈي» دېيىلگەن كۈيلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئاساف ئۆزى يازغان، بەزىلىرىنى، شۈبھىسىزكى، باشقىلار ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە ئۇنىڭ نامى بىلەن يازغان.
**1:50** 1تىس. 4:14-17

**خۇدا جۇلالىدى.**
**3 خۇدايىمىز كېلىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ سۈكۈت ئىچىدە تۇرمايدۇ؛**
**ئۇنىڭ ئالدىدا يەۋەتكۈچى ئوت كېلىدۇ؛**
**ئۇنىڭ ئەتراپىدا زور بوران-چاپقۇن قايىنايدۇ.**
**4 ئۆز خەلقىنى سوراق قىلىش ئۈچۈن،**
**ئۇ يۇقىرىدىن ئاسمانلارنى،**
**يەرنىمۇ گۇۋاھلىققا چاقىرىدۇ: ــ**
**5 «مېنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمنى،**
**يەنى مەن بىلەن قۇربانلىق ئارقىلىق ئەھدە تۈزگۈچىلەرنى ھۇزۇرۇمغا چاقىرىپ يىغىڭلار!»**
**6 ئاسمانلار ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى ئېلان قىلىدۇ،**
**چۈنكى خۇدا ئۆزى سوراق قىلغۇچىدۇر!**
**سېلاھ.**
**7 «ئاڭلاڭلار، ئى خەلقىم، مەن سۆز قىلاي؛**
**ئى ئىسرائىل، مەن ساڭا ھەقىقەتنى ئېيتىپ قويايكى،**
**مەنكى خۇدا، سېنىڭ خۇدايىڭدۇرمەن.**
**8 ھازىر ئەيىبلىگىنىم سېنىڭ قۇربانلىقلىرىڭ سەۋەبىدىن،**
**ياكى ھەمىشە ئالدىمدا سۇنۇلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس؛**

3:50 **«... ئۇنىڭ ئەتراپىدا زور بوران-چاپقۇن قايىنايدۇ»** ــ بەزى ئالىملار بۇ جۈملىدىكى «ئۇنىڭ» «خۇدانىڭ» ئەمەس، بەلكى «ئوتنىڭ» كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

8:50 **«ھازىر ئەيىبلىگىنىم سېنىڭ قۇربانلىقلىرىڭ سەۋەبىدىن... ئەمەس»** ــ مۇشۇ يەردە «قۇربانلىق» ئىبرانىي تىلىدا «زىباھ». بۇ خىل قۇربانلىق خۇداغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىش مەقسىتىدە، خۇدا بىلەن ئەھدە قىلغاندا ياكى خۇداغا مەخسۇس قەسەم ئىچكەندە قىلىنىدىغان قۇربانلىق. ئۇنىڭدىن قۇربانلىق سۇنغۇچى ۋە كاھىن يېيىشكە بولاتتى. **«... كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس»** ــ «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» ئىبرانىي تىلىدا «ئولاھ». بۇ خىل قۇربانلىق خۇداغا بولغان ساپ ئىبادەتنى بىلدۈرۈش يولىدا، قۇربانلىقنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈلەتتى؛ دېمەك، نە قۇربانلىق قىلغۇچى كاھىن، نە قۇربانلىق سۇنغۇچى ئادەم ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر پارچە گۆشىنىمۇ يېمەيتتى («لاۋ.» 1-بابنى كۆرۈڭ).

9 مەن سېنىڭ ئېغىلىڭدىن ھېچبىر ئۆكۈزنى،
قوتانلىرىڭدىن ھېچبىر تېكىنى ئالماقچى ئەمەسمەن.
10 چۈنكى ئورمانلىقلاردىكى بارلىق ھايۋاناتلار ماڭا مەنسۇپتۇر،
مىڭلىغان تاغدىكى مال-ۋارانلارمۇ مېنىڭكىدۇر؛
11 تاغلاردىكى پۈتۈن ئۇچار-قاناتلارنى بىلىمەن،
دالادىكى بارلىق جانىۋارلار مېنىڭكىدۇر.
12 قارنىم ئاچسىمۇ ساڭا ئېيتمايمەن؛
چۈنكى ئالەم ۋە ئۇنىڭغا تولغان ھەممە نەرسىلەر مېنىڭكىدۇر.
13 ئەجەبا، مەن ئۆكۈزنىڭ گۆشىنى يەمدىمەن؟
تېكىنىڭ قېنىنى ئىچەمدىمەن؟
14 قۇربانلىق سۈپىتىدە خۇداغا تەشەككۈرلەرنى ئېيت؛
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىغا قىلغان ۋەدەڭگە ۋاپا قىل.
15 بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ماڭا مۇراجىئەت قىل؛
مەن سېنى قۇتۇلدۇرىمەن،
سەن بولساڭ مېنى ئۇلۇغلىغايسەن».
16 لېكىن رەزىللەرگە خۇدا شۇنداق دەيدۇ: ــ
«مېنىڭ ئەمىرلىرىمنى بايان قىلىشقا نېمە ھەققىڭ بار؟
ئەھدەمنى تىلغا ئالغۇدەك سەن كىم ئىدىڭ؟
17 سەن مېنىڭ تەلىملىرىمدىن يىرگەندىڭ،
سۆزلىرىمنى رەت قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟
18 ئوغرىنى كۆرسەڭ، سەن ئۇنىڭدىن زوق ئالدىڭ،
زىناخورلار بىلەن شېرىك بولدۇڭ؛
19 ئاغزىڭدىن يامان گەپ چۈشمەيدۇ؛
تىلىڭ يالغانچىلىقنى توقۇيدۇ.

---

**12:50** مىس. 5:19؛ قان. 14:10؛ ئايۇپ 3:41؛ زەب. 1:24؛ 1كور. 26،28:10

**14:50** قان. 22:23؛ ئايۇپ 27:22؛ زەب. 11:76؛ توپ. 3:5، 4، 5

17:50 **«... سۆزلىرىمنى رەت قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «سۆزلىرىمنى ئارقاڭغا تاشلىۋەتتىڭ ئەمەسمۇ؟».

[20] ئۆز قېرىندىشىڭنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ ئولتۇرىسەن،
ئاناڭنىڭ ئوغلىغا تۆھمەت قىلىسەن.
[21] سەن بۇ ئىشلارنى قىلغىنىڭدا، مەن ئۈن چىقارمىدىم؛
دەرۋەقە، سەن مېنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش دەپ ئويلىدىڭ؛
لېكىن مەن سېنى ئەيىبلەپ،
بۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىڭدا ئەينى بويىچە ساڭا كۆرسىتىمەن.
[22] ــ ئى، تەڭرىنى ئۇنتۇغانلار، بۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار!
بولمىسا، سىلەرنى پارە-پارە قىلىۋېتىمەن؛
ھېچكىم سىلەرنى قۇتقۇزالمايدۇ.
[23] بىراق قۇربانلىق سۇپىتىدە رەھمەت ئېيتقانلارنىڭ ھەرقايسىسى
ماڭا شەرەپ كەلتۈرىدۇ؛
شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز نىجاتلىقىمنى كۆرسىتىشىمگە يول
تەييارلىغان بولىدۇ.

## 51-كۈي
## ئېغىر گۇناھ ئۈچۈن كەچۈرۈم تىلەش دۇئاسى

51 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت
يازغان كۈي؛ بۇ كۈي ناتان پەيغەمبەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ،
ئۇنى بات-شېبا بىلەن بولغان زىناخورلۇقى توغرۇلۇق ئەيىبلىگەندىن
كېيىن يېزىلغان: ــ

ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بىلەن، ئى خۇدا، ماڭا مېھىر-شەپقەت
كۆرسەتكەيسەن!
رەھىمدىللىقلىرىڭنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئاسىيلىقلىرىمنى

---

23:50 «... شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز نىجاتلىقىمنى كۆرسىتىشىمگە يول تەييارلىغان **بولىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا خۇدانىڭ نىجاتلىقىنى كۆرسىتىشىمگە يول تەييارلىغان بولىدۇ». بىرىنچىسى سۆزلىگۈچى مەسىھدۇر (22-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

ئۆچۈرۈۋەتكەيسەن!

[2] مېنى قەبىھلىكىمدىن يىلتىزىمغىچە يۇۋەتكەيسەن،
گۇناھىمدىن مېنى تازىلىغايسەن.
[3] چۈنكى مەن ئاسىيلىقلىرىمنى تونۇپ ئىقرار قىلدىم؛
گۇناھىم ھەمىشە كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ.
[4] سېنىڭ ئالدىڭدا، پەقەت سېنىڭ ئالدىڭدىلا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ،
نەزىرىڭدە رەزىل بولغان ئىشنى سادىر قىلدىم؛
شۇ ۋەجىدىن، سەن مېنى ئەيىبلەپ سۆزلىسەڭ، ئادىللىقىڭ ئىسپاتلىنىدۇ؛
مېنى سوراق قىلغىنىڭدا، ئۆزۈڭنىڭ پاكلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.
[5] مانا، مەن تۇغۇلغىنىمدىلا، يامانلىقتا ئىدىم،
ئانامنىڭ قارنىدا پەيدا بولغىنىمدىلا مەن گۇناھتا بولدۇم.
[6] بەرھەق، سەن ئادەملەرنىڭ چىن قەلبىدىن سەمىمىيلىك تەلەپ قىلىسەن؛
ئىچىمدىكى يوشۇرۇن جايلىرىمدا سەن ماڭا دانالىقنى بىلدۈرىسەن.
مېنى گۇناھلىرىمدىن زوفا بىلەن تازىلىغايسەن،
ھەم مەن پاك بولىمەن؛
مېنى پاكپاكىز يۇغايسەن، مەن قاردىنمۇ ئاق بولىمەن.
ماڭا شاد-خۇرام ئاۋازلارنى ئاڭلاتقايسەن؛
شۇنىڭ بىلەن سەن ئەزگەن ئۇستىخانلىرىم يەنە شادلىنىدۇ.
[7] مېنى گۇناھلىرىمدىن زوفا بىلەن تازىلىغايسەن،
ھەم مەن پاك بولىمەن؛

---

1:51 **«بۇ كۈي ناتان پەيغەمبەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى بات-شېبا بىلەن بولغان زىناخورلۇقى توغرۇلۇق ئەيىبلىگەندىن كېيىن يېزىلغان»** ــ بۇ ئىشلار تەۋرات، «2سام.» 11-12-بابتا خاتىرىلەنگەن.

**1:51** 2سام. 11:4؛ 1:12

مېنى پاكپاكىز يۇغايسەن، مەن قاردىنمۇ ئاق بولىمەن.
8 ماڭا شاد-خۇرام ئاۋازلارنى ئاڭلاتقايسەن؛
شۇنىڭ بىلەن سەن ئەزگەن ئۇستىخانلىرىم يەنە شادلىنىدۇ.
9 گۇناھلىرىمدىن چىرايىڭنى يوشۇرۇپ،
يامانلىقلىرىمنى ئۆچۈرىۋەتكەيسەن.
10 مەندە پاك قەلب ياراتقايسەن، ئى خۇدا؛
ۋۇجۇمدىكى سادىق روھىمنى يېڭىلىغايسەن.
11 مېنى ھۇزۇرۇڭدىن چىقىرىۋەتمىگەيسەن؛
مېنىڭدىن مۇقەددەس روھىڭنى قايتۇرۇۋالمىغايسەن.
12 ئاھ، نىجاتلىقىڭدىكى شادلىقنى ماڭا يېڭىباشتىن ھېس قىلدۇرغايسەن؛
ئىتائەتمەن روھ ئارقىلىق مېنى يۆلىگەيسەن.
13 بۇنىڭ بىلەن مەن ئىتائەتسىزلەرگە يوللىرىڭنى ئۆگىتەي،
ۋە گۇناھكارلار يېنىڭغا قايتىدۇ.
14 قان تۆكۈش گۇناھىدىن مېنى قۇتۇلدۇرغايسەن،
ئى خۇدا، ماڭا نىجاتلىق بەرگۈچى خۇدا،
شۇنىڭ بىلەن تىلىم ھەققانىيلىقىڭنى ياڭرىتىپ كۈيلەيدۇ.
15 ئى رەببىم، لەۋلىرىمنى ئاچقايسەن،
ئاغزىم مەدھىيىلىرىڭنى بايان قىلىدۇ.
16 چۈنكى سەن قۇربانلىقنى خۇش كۆرمەيسەن؛
بولمىسا سۇنار ئىدىم؛
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلاردىنمۇ خۇرسەنلىك تاپمايسەن.

---

7:51 **«مېنى گۇناھلىرىمدىن زوفا بىلەن تازىلىغايسەن»** — «زوفا» (يەنى لېپەكگۈل) توغرۇلۇق: بەزى «گۇناھنى يۇغۇچى قۇربانلىق (گۇناھ قۇربانلىقى)»لاردا قۇربانلىقنىڭ قېنىنى ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك پاكىزلاش سۈيىنى گۇناھكار ئادەمنىڭ تېنىگە سېپىش ئۈچۈن زوفا ئىشلىتىلەتتى.
**7:51** لاۋ. 4:14، 6؛ چۆل. 6:19، 18
12:51 **«ئىتائەتمەن روھ ئارقىلىق مېنى يۆلىگەيسەن»** — «ئىتائەتمەن روھ» خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئۇنىڭ روھىدا ئىتائەتمەنلىكنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى ««ئىتائەتمەن بىر روھ» بولىدۇ.

17 خۇدا قوبۇل قىلىدىغان قۇربانلىقلار سۇنۇق بىر روھتۇر؛
سۇنۇق ۋە ئېزىلگەن قەلبنى سەن كەمسىتمەيسەن، ئى خۇدا؛
18 شاپائىتىڭ بىلەن زىئونغا مېھرىبانلىقنى كۆرسەتكەيسەن؛
يېرۇسالېمنىڭ سېپىللىرىنى يېڭىباشتىن بىنا قىلغايسەن!
19 ئۇ چاغدا سەن ھەققانىيلىقتىن بولغان قۇربانلىقلاردىن، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلاردىن،
پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈلگەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلاردىن خۇرسەنلىك تاپىسەن؛
ئۇ چاغدا ئادەملەر قۇربانگاھىڭغا بۇقا-ئۆكۈزلەرنى تەقدىم قىلىشىدۇ.

## 52-كۈي
## خۇدانىڭ ھۆكۈمى ۋە شەپقىتى

52 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت
يازغان «ماسقىل»؛ ئېدوملۇق دوئەگ سائۇل پادىشاھنىڭ
يېنىغا بېرىپ: «داۋۇت ئاخىمەلەكنىڭ ئۆيىگە كىردى» دەپ
ئايغاقچىلىق قىلغاندىن كېيىن يېزىلغان: —
ئى نوچى باتۇر، نېمە ئۈچۈن رەزىللىكىڭدىن ماختىنىسەن؟
تەڭرىنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر.

1:52 **«ئىتائەتمەن روھ ئارقىلىق مېنى يۆلىگەيسەن»** — شۇ چاغدا سائۇل پادىشاھ داۋۇت پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. داۋۇت پەيغەمبەر قېچىپ، ئابىمەلەك دېگەن بىر كاھىن (يەنى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى خىزمەتچىسى)نىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ياردەم سورىدى. ئابىمەلەك ياردەم بەردى. كېيىن سائۇل پادىشاھ ئابىمەلەك ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىۋەتتى (تەۋرات «1سام.» 21-، 22-باب). **«...نېمە ئۈچۈن رەزىللىكىڭدىن ماختىنىسەن؟ تەڭرىنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر»** — باشقا خىل تەرجىمىلىرى: — (1) «... نېمىشقا كۈن بويى ماختىنىسەن، تەڭرى ئالدىدا يىرگىنچلىك بولدۇڭسەن»؛ (2) «... نېمىشقا مۆمىن بەندىلەرگە يەتكۈزگەن زىياندىن ماختىنىسەن؟ كۈن بويى تىلىڭ ھالاكەتنى ئويلايدۇ».
**1:52** 1سام. 22:9-23

2 ئۆتكۈر ئۇستىرا كەبى،
تىلىڭ زەھەر چاچماقچى،
ئۇ يالغانچىلىق توقۇۋاتىدۇ.
3 سەن ياخشىلىقنىڭ ئورنىدا يامانلىقنى،
ھەق سۆزلەشنىڭ ئورنىدا يالغانچىلىقنى ياخشى كۆرىسەن؛
4 ھامان ئادەمنى نابۇت قىلىدىغان سۆزلەرنى ياخشى كۆرىسەن،
ئى ئالدامچى تىل!
5 بەرھەق، تەڭرى ئوخشاشلا سېنى مەڭگۈگە يوقىتىدۇ؛
ئۇ سېنى تۇتۇۋالىدۇ، يەنى ئۆز چېدىرىڭدىن تارتىپ چىقىدۇ؛
تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدىن سېنى يىلتىزىڭدىن قومۇرۇپ تاشلايدۇ.
سېلاھ.
6 ھەققانىيلار بۇنى كۆرۈپ قورقۇشىدۇ،
ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ: ــ
7 «قاراڭلار، خۇدانى ئۆز يۆلەنچىسى قىلمىغان ئادەم،
پەقەت ئۆز بايلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە تايانغان ئادەم؛
ئۇ ئاچ كۆزلۈكى بىلەن كۈچلەندى» ــ دەيدۇ.
8 مەن بولسام خۇدانىڭ ئۆيىدە ئۆسكەن باراقسان زەيتۇن دەرەختەكمەن،
مەن خۇدانىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىگە مەڭگۈگە تايىنىمەن.
9 مەن ساڭا ئەبەدىلئەبەد تەشەككۈر ئېيتىمەن؛
چۈنكى سەن بۇ ئىشلارنى قىلدىڭسەن؛
مۆمىن بەندىلىرىڭ ئالدىدا نامىڭغا تەلمۈرۈپ كۈتىمەن؛
مۇشۇنداق قىلىش ئەلادۇر.

---

4:52 **«ھامان ئادەمنى نابۇت قىلىدىغان سۆزلەر»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ھامان ئادەمنى يۇتۇۋېتىدىغان سۆزلەر».
8:52 **«مەن بولسام خۇدانىڭ ئۆيىدە ئۆسكەن باراقسان زەيتۇن دەرەختەكمەن»** ــ «زەيتۇن دەرىخى» ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك دەرەخلەردىن بىرى.
9:52 **«مۆمىن بەندىلىرىڭ ئالدىدا نامىڭغا تەلمۈرۈپ كۈتىمەن؛ مۇشۇنداق قىلىش ئەلادۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «مۆمىن بەندىلەر ئالدىدا نامىڭنى تەلمۈرۈپ كۈتىمەن؛ چۈنكى نامىڭ ئەۋزەلدۇر».

## 53-كۈي
## قاراڭغۇ دۇنيا

53 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، ماخالات ئاھاڭىدا داۋۇت يازغان «ماسقىل»:

ئەخمەق كىشى كۆڭلىدە: «ھېچبىر خۇدا يوق» ــ دەيدۇ.
ئۇلار چىرىكلىشىپ،
نەپرەتلىك قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتى؛
ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېھرىبانلىق قىلغۇچى يوقتۇر.
[2] خۇدا ئەرشتە تۇرۇپ، ئىنسان بالىلىرىنى كۆزىتىپ:
«بۇ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا، ئىنساپنى چۈشىنىدىغان بىرەرسى
بارمىدۇ؟
خۇدانى ئىزدەيدىغانلار بارمىدۇ؟
[3] ھەممە ئادەم يولدىن چىقتى،
ھەممە ئادەم چىرىكلىشىپ كەتتى،
مېھرىبانلىق قىلغۇچى يوقتۇر، ھەتتا بىرىمۇ.
[4] نانني يېگەندەك مېنىڭ خەلقىمنى يۇتۇۋالغان،
قەبىھلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىلىمى يوقمىدۇ؟» ــ دەيدۇ.
ئۇلار پەرۋەردىگارغا ھېچبىر ئىلتىجا قىلمايدۇ.
[5] قورققۇدەك ھېچ ئىش بولمىسىمۇ،
مانا ئۇلارنى غايەت زور قورقۇنچ باستى؛
چۈنكى خۇدا سېنى قورشاۋغا ئالغانلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى پارچىلاپ
چېچىۋەتتى؛
سەن ئۇلارنى خىجالەتتە قويدۇڭ؛

---

**1:53** «ماخالات ئاھاڭىدا داۋۇت يازغان «ماسقىل»» ــ «ماخالات»نىڭ مەنىسى بىزگە نامەلۇم.

**1:53** زەب. 4:10؛ 1:14؛ رىم. 12:3

**2:53** رىم. 11:3

چۈنكى خۇدا ئۇلارنى نەزىرىدىن ساقىت قىلدى.
6 ئاھ، ئىسرائىلنىڭ نىجاتلىقى زىئوندىن چىقىپ كەلگەن بولسا
ئىدى!
خۇدا ئۆز خەلقىنى ئاسارەتتىن چىقىرىپ، ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەن
چاغدا،
ياقۇپ شادلىنىدۇ،
ئىسرائىل خۇشال بولىدۇ!

## 54-كۈي
## ساتقۇنلۇققا ئۇچرىغاندا قىلغان دۇئا

54 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق سازلار بىلەن
ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان «ماسقىل» (زىف شەھىرىدىكىلەر
سائۇل پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ: «داۋۇت بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتىمىزغا
مۆكۈۋالغان، سىلى بىلەمدىلا؟» دەپ ئايغاقچىلىق قىلغاندىن
كېيىن يېزىلغان):

ئى خۇدا، ئۆز نامىڭ بىلەن مېنى قۇتقۇزغايسەن؛
زور قۇدرىتىڭ بىلەن دەۋايىمنى سورىغايسەن.
2 ئى خۇدا، دۇئايىمنى ئاڭلىغايسەن؛
ئاغزىمدىكى سۆزلەرگە قۇلاق سالغايسەن.
3 چۈنكى يات ئادەملەر ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا ئورنىدىن تۇردى؛
زومىگەرلەر مېنىڭ جېنىمنى ئىزلىماقتا؛
ئۇلار خۇدانى نەزىرىگە ھېچ ئىلمايدۇ.

1:54 **«زىف شەھىرىدىكىلەر سائۇل پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ: «داۋۇت بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتىمىزغا مۆكۈۋالغان، سىلى بىلەمدىلا؟» دەپ ئايغاقچىلىق قىلغاندىن كېيىن يېزىلغان»** — بۇ ۋەقەلەر «1سام.» 23:14-29ئايەتلەردە بايان قىلىنىدۇ.

**1:54** 1سام. 23:19-28؛ 26:1

سېلاھ.
4 قارا، خۇدا ماڭا ياردەم قىلغۇچىدۇر؛
رەب جېنىمنى يۆلىگۈچىلەر ئارىسىدىدۇر.
سېلاھ.
5 ئۇ دۈشمەنلىرىمنىڭ يامانلىقىنى ئۆزىگە قايتۇرىدۇ؛
ئى خۇدا، ئۆز ھەقىقىتىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۈزۈپ تاشلىغايسەن.
6 مەن ساڭا خالىس قۇربانلىقلار سۇنىمەن؛
نامىڭنى مەدھىيىلەيمەن، ئى پەرۋەردىگار؛
شۇنداق قىلىش ئەلادۇر.
7 چۈنكى ئۇ مېنى بارلىق بالا-قازالاردىن قۇتقۇزدى؛
دۈشمەنلىرىمنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

## 55-كۈي
## ساتقۇنلۇققا ئۇچرىغاننىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى تۆكۈش دۇئاسى

55
1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق سازلار بىلەن ئورۇنلىنىدىغان، داۋۇت يازغان «ماسقىل»: —

ئى خۇدا، دۇئايىمنى ئاڭلىغايسەن؛
تىلىكىمدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرمىغايسەن،
2 ماڭا قۇلاق سېلىپ، جاۋاب بەرگەيسەن؛
مەن داد-پەرياد ئىچىدە كېزىپ،
ئاھ-زار چېكىپ يۈرىمەن؛
3 سەۋەبى دۈشمەننىڭ تەھدىتلىرى، رەزىللەرنىڭ زۇلۇملىرى؛

3:54 **«يات ئادەملەر ... ئورنىدىن تۇردى»** — ياكى «تەكەببۇر ئادەملەر ... ئورنىدىن تۇردى»
6:54 **«مەن ساڭا خالىس قۇربانلىقلار سۇنىمەن»** — «خالىس قۇربانلىقلار»: مۇسا پەيغەمبەر تۈزگەن نىزام بويىچە، «خالىس قۇربانلىق» خۇدانىڭ كۆرسەتكەن مەلۇم ئىلتىپاتى ياكى شەپقىتى ئۈچۈن رەھمەتلەرنى بىلدۈرىدىغان بىرخىل قۇربانلىق.

ئۇلار بېشىمغا ئاۋارىچىلىكلەرنى تۆكىدۇ؛
ئۇلار غەزەپلىنىپ ماڭا ئاداۋەت ساقلايدۇ.
4 ئىچىمدە يۈرىكىم تولغىنىپ كەتتى؛
ئۆلۈم ۋەھشەتلىرى ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى.
5 قورقۇنچ ۋە تىترەك بېشىمغا چۈشتى،
دەھشەت مېنى چۆمكۈۋالدى.
6 مەن: ــ «كەپتەردەك قانىتىم بولسىچۇ كاشكى،
ئۇچۇپ بېرىپ ئارامگاھ تاپار ئىدىم» ــ دېدىم.
7 ــ «يىراق جايلارغا قېچىپ،
چۆل-باياۋانلاردا ماكانلىشار ئىدىم؛
سېلاھ.
8 بوران-چاپقۇنلاردىن،
قارا قۇيۇندىن قېچىپ، پاناھگاھغا ئالدىرار ئىدىم!».
9 ئۇلارنى يۇتۇۋەتكەيسەن، ئى رەب؛
تىللىرىنى بۆلۈۋەتكەيسەن؛
چۈنكى شەھەر ئىچىدە زوراۋانلىق ھەم جېدەلخورلۇقنى كۆردۈم.
10 ئۇلار كېچە-كۈندۈز سېپىललەر ئۈستىدە غادىيىپ يۈرمەكتە؛
شەھەر ئىچىنى قاباھەت ۋە شۇملۇق قاپلىدى.
11 ھارام ئارزۇ-ھەۋەسلەر ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ،
ساختىلىق ۋە ھىيلە-مىكىرلىك، كوچىلاردىن كەتمەيدۇ.

12 ئەگەر دۈشمەن مېنى مەسخىرە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سەۋر قىلاتتىم؛
ياكى مېنى كەمسىتىپ، ئۆزىنى ماختىغان ئادەم ماڭا ئۆچمەنلەردىن ئەمەس ئىدى؛
ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم؛
13 لېكىن بۇنى قىلغان سەن ئىكەنلىكىڭنى ــ مېنىڭ بۇرادىرىم، سىرداشىم، ئەزىز دوستۇم بولۇپ چىقىشىڭنى ئويلىماپتىمەن!

14 خالايىققا قېتىلىپ، خۇدانىڭ ئۆيىگە ئىككىمىز بىللە ماڭغانىدۇق،
ئۆزئارا شېرىن پاراڭلاردا بولغانىدۇق؛
15 مۇشۇنداق ساتقۇنلارنى ئۆلۈم تۇيۇقسىز چۆچۈتىۋەتسۇن!
ئۇلار تەھتىساراغا تىرىك چۈشكەي!
چۈنكى ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەزىللىك تۇرماقتا.

16 لېكىن مەن بولسام، خۇداغا نىدا قىلىمەن؛
پەرۋەردىگار مېنى قۇتقۇزىدۇ.
17 ئەتىگىنى، ئاخشىمى ۋە چۈشتە،
دەردىمنى تۆكۈپ پەرياد كۆتۈرىمەن؛
ئۇ جەزمەن سادايىمغا قۇلاق سالىدۇ.
18 ئۇ ماڭا قارشى قىلىنغان جەڭدىن مېنى ئامان قىلىدۇ؛
گەرچە كۆپ ئادەملەر مېنى قورشاۋغا ئالغان بولسىمۇ.
19 تەڭرى ــ ئەزەلدىن تەختتە ئولتۇرۇپ كەلگۈچى!
ئۇ نالەمنى ئاڭلاپ ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛
(سېلاھ)
چۈنكى ئۇلاردا ھېچ ئۆزگىرىشلەر بولمىدى؛
ئۇلار خۇدادىن ھېچ قورقمايدۇ.
20 ھېلىقى بۇرادىرىم ئۆزى بىلەن دوست بولغانلارغا مۇشت كۆتۈردى؛
ئۆز ئەھدىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى.
21 ئاغزى سېرىق مايدىنمۇ يۇمشاق،
بىراق كۆڭلى جەڭدۇر ئۇنىڭ؛
ئۇنىڭ سۆزلىرى ياغدىنمۇ سىلىق،
ئەمەلىيەتتە سۇغۇرۇپ ئالغان قىلىچلاردۇر.
22 يۈكۈڭنى پەرۋەردىگارغا تاشلاپ قوي،

14:55 **«خالايىققا قېتىلىپ، خۇدانىڭ ئۆيىگە ئىككىمىز بىللە ماڭغانىدۇق، ئۆزئارا شېرىن پاراڭلاردا بولغانىدۇق»** ــ داۋۇت ئۆزىگە ئۇشتۇمتۇت خائىنلىق قىلغان كىشى بىلەن بولغان ئىلگىرىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ.

ئۇ سېنى يۆلەيدۇ؛
ئۇ ھەققانىيلارنى ھەرگىز تەۋرەتمەيدۇ.
[23] بىراق، سەن خۇدا ئاشۇ رەزىللەرنى ھالاكەت ھاڭغا چۈشۈرىسەن؛
قانخورلار ۋە ھىيلىگەرلەر ئۆمرىنىڭ يېرىمىنىمۇ كۆرمەيدۇ؛
بىراق مەن بولسام، ساڭا تايىنىمەن.

## 56-كۈي
## زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى

56 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «خىلۋەتتىكى دۇب دەرەخلىرىدىكى پاختەك» دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان «مىختام» كۈيى (فىلىستىيلەر گات شەھىرىدە ئۇنى ئەسىرگە ئالغاندا يېزىلغان): —

ئى خۇدا، ماڭا شەپقەت كۆرسەتكەيسەن،
چۈنكى ئىنسانلارنىڭ نەپسى يوغىناپ مېنى قوغلىماقتا؛
كۈن بويى ئۇلار مەن بىلەن جەڭ قىلىپ مېنى باسماقتا؛
[2] مېنى كۆزلىگەن رەقىبلىرىمنىڭ نەپسى يوغىناپ كۈن بويى مېنى قوغلىماقتا؛
ماڭا ھەيۋە قىلىپ جەڭ قىلغۇچىلار ئىنتايىن كۆپتۇر!
[3] مەن قورققان كۈنۈمدە،
مەن ساڭا تايىنىمەن.
[4] مەن سۆز-كالامىنى ئۇلۇغ دەپ مەدھىيىلەيدىغان خۇداغا،
خۇداغىلا تايىنىمەن؛
مەن قورقمايمەن؛

---

22:55 **«يۈكۈڭنى پەرۋەردىگارغا تاشلاپ قوي»** — «يۈكۈڭ» ئىبرانىي تىلدا «ئامانەت قىلىنغىنىڭ» ياكى «ساڭا تاپشۇرۇلغان».
**1:56** 1سام. 12،13،14:21

ناھايىتى بىر ئەت ئىگىسى مېنى نېمە قىلالىسۇن؟
5 ئۇلار كۈن بويى سۆزلىرىمنى بۇرمىلايدۇ،
ئۇلارنىڭ بارلىق ئويى ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشتۇر؛
6 ئۇلار توپ بولۇپ ئادەمنى قەستلىشىپ، يوشۇرۇنىدۇ؛
پېيىمگە چۈشۈپ، جېنىمنى ئېلىشنى كۈتىدۇ.
7 گۇناھ بىلەن گۇناھنى يېپىپ قاچسا بولامدۇ؟
غەزىپىڭ بىلەن ئەللەرنى يەرگە ئۇرغايسەن، ئى خۇدا!
8 مېنىڭ سەرسانلىقلىرىمنى ئۆزۈڭ ساناپ كەلگەن؛
كۆزدىن ئاققان ياشلىرىمنى تۇلۇمۇڭغا توپلاپ ساقلىغايسەن؛
بۇلار دەپتىرىڭدە پۈتۈكلۈك ئەمەسمۇ؟
9 شۇنىڭ بىلەن مەن ساڭا نىدا قىلغان كۈندە،
دۈشمەنلىرىم چېكىنىدۇ؛
مەن شۇنى بىلدىمكى — خۇدا مەن تەرەپتىدۇر!
10 خۇدانى — ئۇنىڭ سۆز-كالامىنى ئۇلۇغلايمەن!
پەرۋەردىگارنى — ئۇنىڭ سۆز-كالامىنى ئۇلۇغلايمەن!
11 خۇدانىلا تايانچىم قىلدىم —
مەن قورقمايمەن، ناھايىتى شۇ بىر ئىنسان مېنى نېمە قىلالىسۇن؟
12 ساڭا قىلغان ۋەدىلىرىمگە ۋاپا قىلىمەن، ئى خۇدا؛
ساڭا تەشەككۈر قۇربانلىقلىرىنى سۇنىمەن.
13 چۈنكى سەن جېنىمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانسەن؛
سەن پۇتلىرىمنى پۇتلىشىشتىن ساقلىمامسەن؟
شۇنىڭ بىلەن مەن خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا، تىرىكلەر تۇرىدىغان يورۇقلۇقتا ماڭىمەن.

11:56 زەب. 6:118

## 57-كۈي
## ئېغىر كۈنلەردىكى ئېتىقاد

57 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «ھالاك قىلمىغايسەن»
دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان «مىختام» كۈيى،
(ئۇ سائۇل پادىشاھتىن قېچىپ، ئۆڭكۈردە يوشۇرۇنۇۋالغان چاغدا
يېزىلغان): —
ئى خۇدا، ماڭا شەپقەت كۆرسەتكەيسەن،
ماڭا شەپقەت كۆرسەتكەيسەن،
چۈنكى جېنىم سېنى پاناھىم قىلدى.
مۇشۇ بالايىئاپەت ئۆتۈپ كەتكۈچە، قاناتلىرىڭ سايىسىدە پاناھ
تاپىمەن.
[2] خۇداغا، يەنى ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىغا،
ئۆزۈم ئۈچۈن ھەممىنى ئورۇنلايدىغان تەڭرىگە نىدا قىلىمەن؛
[3] ئۇ ئەرشتىن ياردەم ئەۋەتىپ مېنى قۇتقۇزىدۇ؛
ماڭا قاراپ نەپسى يوغىناپ، مېنى قوغلاۋاتقانلارنى ئۇ رەسۋا قىلىدۇ؛
سېلاھ؛
خۇدا ئۆز مېھىر-شەپقىتى ۋە ھەقىقىتىنى ئەۋەتىدۇ!
[4] جېنىم شىرلار ئارىسىدا قالدى؛
مەن نەپسى يالقۇن كەبى بولغانلار ئارىسىدا ياتىمەن!
ئادەم باللىرى —
ئۇلارنىڭ چىشلىرى نەيزە-ئوقلاردۇر،
ئۇلارنىڭ تىلى — ئۆتكۈر قىلىچتۇر!
[5] ئى خۇدا، ئەرشلەردىن يۇقىرى ئۇلۇغلانغايسەن،

---

1:57 «داۋۇت يازغان «مىختام» كۈيى» — «مىختام» 16-كۈيدىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. «ئۇ سائۇل پادىشاھتىن قېچىپ، ئۆڭكۈردە يوشۇرۇنۇۋالغان چاغدا يېزىلغان» — بۇ ۋەقەلەر «1سام.» 24-باپتا بايان قىلىنىدۇ.

1:57 1سام. 1:22؛ 4:24

شان-شەرىپىڭ يەر يۈزىنى قاپلىغاي!
6 ئۇلار قەدەملىرىمگە تور قۇردى؛
جېنىم ئېگىلىپ كەتتى؛
ئۇلار مېنىڭ يولۇمغا ئورەك كولىغانىدى،
لېكىن ئۆزلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
7 ئىرادەم چىڭ، ئى خۇدا، ئىرادەم چىڭ؛
مەن مەدھىيە ناخشىلارنى ئېيتىپ،
بەرھەق سېنى كۈيلەيمەن!
8 ئويغان، ئى روھىم!
ئى نەغمە-سازلىرىم، ئويغان!
مەن سەھەر قۇياشىنىمۇ ئويغىتىمەن!
9 مەن خەلق-مىللەتلەر ئارىسىدا سېنى ئۇلۇغلايمەن، ئى رەب؛
ئەللەر ئارىسىدا سېنى كۈيلەيمەن!
10 چۈنكى ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ئەرشلەرگە يەتكۈدەك ئۇلۇغدۇر؛
ھەقىقىتىڭ بۇلۇتلارغا تاقاشتى.
11 ئى خۇدا، ئەرشلەردىن يۇقىرى ئۇلۇغلانغايسەن،
شان-شەرىپىڭ يەر يۈزىنى قاپلىغاي!

---

**5:57** زەب. 5:108

**6:57** زەب. 7:15-16؛ 9:16

**7:57** زەب. 1:108-5

**8:57** **«ئويغان، ئى روھىم!»** — بۇ ئايەتتىكى «روھىم» ئىبرانىي تىلىدىكى «شان-شەرىپىم» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى. «نەغمە-سازلىرىم!» ئىبرانىي تىلىدا «لىرا (راۋابدەك بىر ساز) ۋە چىلتار»نى بىلدۈرىدۇ.

**9:57** زەب. 49:18؛ 22:22؛ 3:108

**10:57** زەب. 5:36-6؛ 4:108

## 58-كۈي

## زالىم ھۆكۈمرانلارنى خۇدا جازالىغاي!

58 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «ھالاك قىلمىغايسەن»
دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان «مىختام» كۈيى:

–

ئى قۇدرەت ئىگىلىرى، سىلەر ھەقىقەتەن ئادالەتنى سۆزلەۋاتامسىلەر؟
ئى ئىنسان بالىلىرى، ئادىل ھۆكۈم چىقىرامسىلەر؟
[2] ياق، سىلەر كۆڭلۈڭلەردە يامانلىق تەييارلايسىلەر؛
يەر يۈزىدە ئۆز قولۇڭلار بىلەن قىلىدىغان زوراۋانلىقنى ئۆلچەۋاتىسىلەر.
[3] رەزىللەر ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا ئېزىپ كېتىدۇ؛
ئۇلار تۇغۇلۇپلا يولدىن ئادىشىپ، يالغان سۆزلەيدۇ.
[4] ئۇلارنىڭ زەھىرى يىلاننىڭ زەھىرىدۇر؛
ئۇلار ئۆز قۇلىقىنى پۈتۈك قىلغان گاس كوبرا يىلاندەك،
[5] مەيلى يىلانچىلار شۇنچە چىرايلىق سېھىرلىسىمۇ،
ئۇ نەي ئاۋازىغا قەتئىي قۇلاق سالمايدۇ.
[6] ئى خۇدا، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكەيسەن!
مۇشۇ ياش شىرلارنىڭ تۇخكاي چىشلىرىنى چېقىۋەتكەيسەن، ئى پەرۋەردىگار!
[7] ئۇلار ئېقىپ كەتكەن سۇلاردەك ئۆتۈپ كەتكەي؛
ئۇلار ئوقلارنى چەنلەپ ئاتقاندا،
ئوقلىرى ئۈچىسىز بولۇپ كەتكەي!

---

58:1 **«سىلەر ھەقىقەتەن ئادالەتنى سۆزلەۋاتامسىلەر؟»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئادالەت زۇۋانسىز بولۇپ قالدىمۇ؟ نېمىشقا سۆزلىمەيسىلەر؟». بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا بىرنەچچە تەرجىمىلەر بار. بەلكىم سۈرگۈن بولغان داۋۇتنىڭ كۆزدە تۇتقىنى (ئەسلى ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان) ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنىڭ دەۋاسىنى سائۇل پادىشاھ ئالدىدا سۆزلىمىگىنى

58:4 زەب. 3:140

58:5 **«مەيلى يىلانچىلار شۇنچە چىرايلىق سېھىرلىسىمۇ»** — «يىلانچى»: چىلىپ يىلانلارنى ئوينىتىدىغان كىشى.

8 قۇلۇلە يول ماڭغاندا ئېرىپ يوقىلىپ كەتكەندەك،
ئۇلار يوقاپ كەتسۇن؛
ئايالنىڭ چۈشۈپ كەتكەن ھامىلىسىدەك،
ئۇلار كۈن كۆرمىسۇن!
9 قازان يانتاقلارنىڭ ئىسسىقىنى سەزگۈچە،
(مەيلى ئۇلار يۇمران پېتى، ياكى ئوت تۇتاشقان بولسۇن)
ئۇ ئۇلارنى توزۇتۇۋېتىدۇ.
10 ھەققانىي ئادەم خۇدانىڭ ئىنتىقامىنى كۆرگەندە خۇشال بولىدۇ؛
ئۆز ئىزلىرىنى رەزىللەرنىڭ قېنىدا يۇيىدۇ.
11 شۇڭا ئادەملەر: «دەرۋەقە، ھەققانىيلار ئۈچۈن ئىنئام باردۇر؛
دەرۋەقە يەر يۈزىدە ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى بىر خۇدا باردۇر» ــ دەيدۇ.

## 59-كۈي

59 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «ھالاك قىلمىغايسەن»
دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان «مىختام» كۈيى؛
(بۇ كۈي سائۇل پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئۆيىنى كۆزلەشكە پايلاقچىلارنى
ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان چاغدا يېزىلغان): ــ

ئى خۇدايىم، دۈشمەنلىرىمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغايسەن؛
ماڭا قارشى تۇرغانلاردىن مېنى ئېگىزدە ئامان ساقلىغايسەن.
2 مېنى يامانلىق قىلغۇچىلار چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالغايسەن،

9:58 «قازان يانتاقلارنىڭ ئىسسىقىنى سەزگۈچە، مەيلى ئۇلار يۇمران پېتى، ياكى ئوت تۇتاشقان بولسۇن ئۇ ئۇلارنى توزۇتۇۋېتىدۇ» ــ تولۇق ئايەتنىڭ بىرنەچچە خىل تەرجىملىرى بار؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بۇ تەرجىمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.
1:59 «بۇ كۈي سائۇل پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئۆيىنى كۆزلەشكە پايلاقچىلارنى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان چاغدا يېزىلغان» ــ بۇ ۋەقە «1سام.» 19-بابتا بايان قىلىندۇ.
1:59 1سام. 12:19

قانخور ئادەملەردىن مېنى قۇتقۇزغايسەن.
[3] چۈنكى مانا، ئۇلار جېنىمنى ئېلىش ئۈچۈن پايلىماقتا،
زوراۋانلار ماڭا قارشى توپ بولۇشۇپ قەستلەشمەكتە؛
بۇ قىلغىنى مەندە بولغان بىرەر ئاسىيلىق ئۈچۈن ئەمەس،
ياكى گۇناھىم ئۈچۈن ئەمەس، ئى پەرۋەردىگار؛
[4] مەندە ھېچ سەۋەنلىك بولمىسىمۇ، ئۇلار يۈگۈرۈپ ماڭا قارشى سەپ سالىدۇ؛
مېنىڭ ياردىمىمگە كېلىشكە ئويغان،
ھالىمنى نەزىرىڭگە ئالغايسەن.
[5] ئى پەرۋەردىگار، ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى،
بارلىق ئەل-يۇرتلارنى سوتلاپ-جازالاشقا ئورنۇڭدىن تۇرغايسەن؛
قەستلەشنى نىيەت قىلغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسىغا رەھىم قىلمىغايسەن.
سېلاھ.
[6] ئۇلار كېچىسى قايتىپ كېلىپ، غالجىر ئىتتەك غاڭ-غۇڭ قىلىپ،
شەھەرنى ئايلىنىپ لاغايلاپ يۈرمەكتە.
[7] قارا، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان شۆلگەيلىرىنى!
لەۋلىرىدىن قىلىچلار چىقىپ تۇرىدۇ؛
ئۇلار: «كىم ئاڭلىيالايدۇ؟» ــ دەيدۇ.
[8] لېكىن سەن پەرۋەردىگار ئۇلارنى مەسخىرە قىلىسەن؛

---

6:59 **«ئۇلار «قەستلەشنى نىيەت قىلغۇچىلار» كېچىسى قايتىپ كېلىپ، غالجىر ئىتتەك غاڭ-غۇڭ قىلىپ، شەھەرنى ئايلىنىپ لاغايلاپ يۈرمەكتە»** ــ كونا قانائان (پەلەستىن) شەھەرلىرىدە ئوۋ ئىزدىگەن ئىتلار بەلكىم كوندۇزدە كىشلەرنىڭ جاي-ھويلىلىرىغا كىرىشكە پېتىنالمايتتى، پەقەت ئادەملەر ئۇخلىغاندا كىرىدۇ. داۋۇت خالايىق سۆيگەن ئادەم بولغاچقا، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىلەر بەلكىم كوندۇزدە قول سېلىشقا پېتىنالمايتتى، پەقەت كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىدۇ.
**7:59** زەب. 11:10؛ 21:55؛ 4:57؛ 7:94

بارلىق ئەللەرنى مازاق قىلىسەن!
9 ئى مېنىڭ كۈچۈم بولغۇچى!
مەن ساڭا تەلمۈرۈپ قاراپ يۈرىمەن؛
چۈنكى خۇدا مېنىڭ يۇقىرى پاناھگاھىمدۇر.
10 ماڭا ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىنى كۆرسەتكۈچى خۇدا مېنىڭ ئالدىمدا ماڭىدۇ؛
خۇدا ماڭا دۈشمەنلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.
11 بىراق، ئى خۇدا، بۇلارنى قەتل قىلماي تۇرغاي؛
بولمىسا مېنىڭ خەلقىم سېنى ئۇنتۇيدۇ.
ئۆز كۈچۈڭ بىلەن ئۇلارنى سەرسان قىلغايسەن،
ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېغىرلاشتۇرغايسەن؛
ئى رەب، بىزنىڭ قالقىنىمىز!
12 ئۇلارنىڭ ئاغزىنىڭ بۇزۇقلۇقى تۈپەيلىدىن،
لەۋلىرىنىڭ سۆزلىرى تۈپەيلىدىن،
ئۇلاردىن چىقىۋاتقان قارغاشلار ھەم ئالدامچىلىقلار تۈپەيلىدىن،
ئۇلار ئۆز تەكەببۇرلۇقى ئىچىدە تۇزاققا چۈشكەي!
13 غەزىپىڭ بىلەن بۇ ئىشلارغا خاتىمە بەرگەيسەن،
خاتىمە بەرگەيسەن!
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يوق بولىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىگىچە خۇدانىڭ ھەقىقەتەن ياقۇپقا ھۆكۈمدارلىق قىلىدىغانلىقى ئايان بولغاي!
سېلاھ.
14 دەرۋەقە، ئۇلار ھازىرغىچە كېچىسى قايتىپ كېلىپ، غالجىر ئىتتەك

**8:59** زەب. 4:2

13:59 **«شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىگىچە خۇدانىڭ ھەقىقەتەن ياقۇپقا ھۆكۈمدارلىق قىلىدىغانلىقى ئايان بولغاي!»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا خۇدانىڭ ھەقىقەتەن ياقۇپقا ھەم يەرنىڭ چەت-چەتلىرىگىچە ھۆكۈمدارلىق قىلىدىغانلىقى ئايان بولغاي!».

غاژ-غۇژ قىلىپ،
شەھەرنى ئايلىنىپ لاغايلاپ يۈرىدۇ.
15 ئىتلاردەك ئۇلار ئوزۇق ئىزدەپ ھەر يەردە قاترايدۇ؛
قارنى تويمىغۇچە ھۇۋلاپ يۈرمەكتە؛
16 لېكىن مەن بولسام قۇدرىتىڭنى كۈيلەيمەن،
بەرھەق، سەھەرلەردە ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى ناخشا قىلىپ ياڭرىتىمەن؛
چۈنكى سەن مەن ئۈچۈن يۇقىرى قورغان،
ئېغىر كۈنلىرىمدە پاناھگاھ بولۇپ كەلگەنسەن.
17 ئى مېنىڭ كۈچۈم بولغۇچى، ساڭا كۈيلەرنى ئېيتىمەن؛
چۈنكى خۇدا مېنىڭ يۇقىرى قورغىنىمدۇر،
ماڭا ئۆزگەرمەس مۇھەببەت كۆرسەتكۈچى خۇدايىمدۇر.

## 60-كۈي
## مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى دۇئا

60 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «گۈۋاھلىق نىلۇپەرى» دېگەن ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان «مىختام» كۈيى: —
(داۋۇت ئارام-ناھارائىم ۋە ئارام-زوباھدىكى سۈرىيەلىكلەر بىلەن جەڭ قىلغاندا، ئۇنىڭ سەردارى بولغان يوئاب جەڭگە قايتا بېرىپ، «شور ۋادىسى»دا ئېدومدىكىلەردىن ئون ئىككى مىڭ ئەسكەرنى قىلىچلىغان چاغدا يېزىلغان)

ئى خۇدا، سەن بىزنى چەتكە قاقتىڭ؛
بىزنى پارە-پارە قىلىۋەتتىڭ،
سەن بىزدىن رەنجىدىڭ؛

ئەمدى بىزنى يېنىڭغا قايتۇرغىن!
2 سەن زېمىننى تەۋرىتىپ يېرىۋەتكەنىدىڭ؛
ئەمدى ئۇنىڭ بۆسۈكلىرىنى ساقايتقايسەن؛
چۈنكى ئۇ دەلدەڭشىپ كەتتى!
3 سەن ئۆز خەلقىڭگە كۈلپەت-خارلىقلارنى كۆرگۈزدۈڭ؛
سەن بىزگە ئالاقزادىلىكنىڭ شارابىنى ئىچكۈزدۈڭ.
4 سەن ئۆزۈڭدىن ئەيمىنىدىغانلارغا تۇغ تىكلەپ بەرگەنسەن؛
ئۇ ھەقىقەتنى ئايان قىلىشقا كۆتۈرۈلىدۇ.
(سېلاھ).
5 ئۆز سۆيگەنلىرىڭ نىجاتلىق تېپىشى ئۈچۈن،
ئوڭ قولۇڭ بىلەن قۇتقۇزغايسەن،
دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغايسەن.
6 خۇدا ئۆز پاك-مۇقەددەسلىكىدە شۇنداق دېگەن: ــ
«مەن تەنتەنە قىلىمەن،
مەن شەكەم دىيارىنى بۆلۈپ بېرىمەن،
سۇككوت ۋادىسىنى تەقسىم قىلىشقا ئۆلچەيمەن.
7 گىلېئاد ماڭا مەنسۇپتۇر،

---

1:60 **«داۋۇت ئارام-ناھارائىم ۋە ئارام-زوباھدىكى سۇرىيەلىكلەر بىلەن جەڭ قىلغاندا، ئۇنىڭ سەردارى بولغان يوئاب جەڭگە قايتا بېرىپ، «شور ۋادىسى»دا ئېدومدىكىلەردىن ئون ئىككى مىڭ ئەسكەرنى قىلىچلىغان چاغدا يېزىلغان»** ــ بۇ ۋەقە تەۋرات، «2سام.» 8-بابتا بايان قىلىنىدۇ.

**1:60** 2سام. 3:8، 13؛ 1تار. 3:18، 12؛ زەب. 44:9-10؛ 1:74؛ 11:108؛ 10:144

4:60 **«سەن ئۆزۈڭدىن ئەيمىنىدىغانلارغا تۇغ تىكلەپ بەرگەنسەن؛ ئۇ ھەقىقەتنى ئايان قىلىشقا كۆتۈرۈلىدۇ»** ــ تولۇق ئايەتنىڭ بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار. ئايەتتىكى ئىبرانيي تىلىنى چۈشىنىش تەس.

**5:60** زەب. 6:108-13

6:60 **«خۇدا ئۆز پاك-مۇقەددەسلىكىدە شۇنداق دېگەن...»** ــ ياكى «خۇدا ئۆز مۇقەددەس جايىدا شۇنداق دېگەن...» **«مەن شەكەم دىيارىنى بۆلۈپ بېرىمەن، سۇككوت ۋادىسىنى تەقسىم قىلىشقا ئۆلچەيمەن»** ــ خۇدانىڭ مۇشۇ سۆزلىرى بەلكىم يەشۇئا پەيغەمبەر ئارقىلىق، قانائان (پەلەستىن) زېمىنىنى ئىسرائىللارغا بۆلۈپ-بۆلۈپ تەقسىم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ماناسسەھمۇ ماڭا مەنسۇپتۇر؛
ئەفرائىم بولسا بېشىمدىكى دۇبۇلغامدۇر،
يەھۇدا مېنىڭ ئەمر-پەرمان چىقارغۇچىمدۇر؛
8 موئاب مېنىڭ يۇيۇنۇش جاۋۇرۇمدۇر؛
ئېدومغا چورۇقۇمنى تاشلايمەن؛
فىلىستىيە، مېنىڭ سەۋەبىمدىن تەنتەنە قىلىڭلار!»

9 كىم مېنى بۇ مۇستەھكەم شەھەرگە باشلاپ كىرەلىسۇن؟ كىم مېنى
ئېدومغا ئېلىپ بارالىسۇن؟
10 ئى خۇدا، سەن بىزنى راستتىنلا چەتكە قاقتىڭمۇ؟
قوشۇنلىرىمىز بىلەن بىللە جەڭگە چىقمامسەن؟
11 بىزنى زۇلۇملاردىن قۇتۇلۇشقا ياردەملەشكەيسەن،
چۈنكى ئىنساننىڭ ياردىمى بىكاردۇر!
12 خۇدا ئارقىلىق بىز چوقۇم باتۇرلۇق كۆرسىتىمىز؛
بىزگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى چەيلىگۈچى دەل ئۇ ئۆزىدۇر!

---

7:60 **«ئەفرائىم بولسا بېشىمدىكى دۇبۇلغامدۇر»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئەفرائىم بولسا بېشىمدىكى قوغدىغۇچىدۇر». **«يەھۇدا مېنىڭ ئەمر-پەرمان چىقارغۇچىمدۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «يەھۇدا مېنىڭ شاھانە ھاسامدۇر».

8:60 **«موئاب مېنىڭ يۇيۇنۇش جاۋۇرۇم»** — بەلكىم موئابنىڭ خۇدا ۋە ئۇنىڭ خەلقى ئۈچۈن مەينەت خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. **«ئېدومغا چورۇقۇمنى تاشلايمەن»** — ئاياغ كىيىمنى مەلۇم يەر ئۈستىگە تاشلاش ئاشۇ يەرگە ئىگە بولغانلىقنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن؛ ياكى بولمىسا، ئېدومنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ ئاياغلىرىنى ئېلىپ يىغىشتۇرىدىغان قۇلدەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. **«فىلىستىيە، مېنىڭ سەۋەبىمدىن تەنتەنە قىلىڭلار!»** — داۋۇت پادىشاھنىڭ دەۋرىدە فىلىستىيە داۋۇتقا، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇپ، بەختلىك ھاياتقا ئىگە بولغان («2سام.» 1:8نى، شۇنداقا «يار.» 1:12-3نىمۇ كۆرۈڭ).

## 61-كۈي
## «مەندىن يۇقىرى قورام تاش»

61 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق سازلار بىلەن ئوقۇلسۇن دەپ داۋۇت يازغان كۈي: ــ

ئى خۇدا، پەريادىمنى ئاڭلىغايسەن؛
دۇئايىمغا قۇلاق سالغايسەن!
[2] يەرنىڭ چەت-چەتلىرىدە تۇرۇپ،
يۈرىكىم زەئىپلىشىپ كەتكەندە،
مەن ساڭا مۇراجىئەت قىلىمەن: ــ
سەن مېنى ئۆزۈمدىن يۇقىرى قورام تاشقا يېتەكلىگەيسەن!
[3] چۈنكى سەن ماڭا پاناھگاھ،
دۈشمىنىم ئالدىدا مۇستەھكەم مۇنار بولۇپ كەلگەنسەن.
[4] مەن چېدىرىڭنى مەڭگۈلۈك تۇرالغۇم قىلىمەن؛
قاناتلىرىڭ سايىسىدە پاناھ تاپىمەن.
سېلاھ.
[5] چۈنكى سەن، ئى خۇدا، قەسەملىرىمنى ئاڭلىدىڭ؛
ئۆزۈڭدىن ئەيمىنىدىغانلارغا تەۋە مىراسنى ماڭىمۇ بەردىڭسەن.
[6] پادىشاھنىڭ كۈنلىرىگە كۈن قوشۇپ ئۇزارتىسەن؛
ئۇنىڭ يىللىرى دەۋردىن-دەۋرگىچە بولىدۇ.

---

2:61 **«مەندىن يۇقىرى قورام تاش»** ــ خۇدانى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. «مەندىن يۇقىرى» دېگەن ئىبارە بەلكىم داۋۇتنىڭ گەرچە پادىشاھ بولسىمۇ، «ئۆزۈمنى ناھايىتى ئۈستۈن، قابىلەتلىك ئادەم ھېسابلىمايمەن، ھەردائىم خۇدادىن يول سورىشىم كېرەك» دېگەندەك، ھەممىمىزنى كىچىك پېئىللىق بولۇشقا، ئۈندەيدۇ.

5:61 **«ئۆزۈڭدىن ئەيمىنىدىغانلارغا تەۋە مىراس...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نامىڭدىن ئەيمىنىدىغانلارغا تەۋە مىراس...».

6:61 **«پادىشاھنىڭ كۈنلىرىگە كۈن قوشۇپ ئۇزارتىسەن؛ ئۇنىڭ يىللىرى دەۋردىن-دەۋرگىچە بولىدۇ»** ــ داۋۇت ئۆزى ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ قىرىق يىل ھۆكۈم سۈرگەن. شۈبھىسىزكى، ئۇ بۇ يەردە ئۆز ئەۋلادى بولىدىغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ

7 ئۇ خۇدانىڭ ئالدىدا مەڭگۈ ھۆكۈم سۈرىدۇ؛
ئۇنى ئامان ساقلاشقا مۇھەببەت ۋە ھەقىقەتنى بېكىتىپ تەمىنلىگەيسەن؛
8 شۇنىڭ بىلەن ئالدىڭدا ئىچكەن قەسەملىرىمگە ھەر كۈنى ئەمەل قىلىمەن؛
مەن نامىڭنى مەڭگۈ كۈيلەيمەن!

## 62-كۈي
## خۇدانى تەلمۈرۈپ كۈتۈش

62 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشى يەدۇتۇنغا تاپشۇرۇلغان، داۋۇت يازغان كۈي: —

جېنىم خۇداغىلا قاراپ سۈكۈتتە كۈتىدۇ؛
مېنىڭ نىجاتلىقىم ئۇنىڭدىندۇر.
2 پەقەت ئۇلا مېنىڭ قورام تېشىم ۋە مېنىڭ نىجاتلىقىم،
مېنىڭ يۇقىرى قورغىنىمدۇر؛
مەن ئۇنچىلىك تەۋرىنىپ كەتمەيمەن.
3 سىلەر قاچانغىچە شۇ ئاجىز بىر ئىنسانغا ھۇجۇم قىلىسىلەر؟
ھەممىڭلار قىڭغىيىپ قالغان تامنى،
ئىرغاڭلاپ قالغان قاشانى غۇلاتقاندەك، ئۇنى غۇلاتماقچىسىلەر؟
4 ئۇنى شۆھرەت-ھەيۋىتىدىن چۈشۈرۈۋېتىشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھېچ

---

1:62 «نەغمىچىلەرنىڭ بېشى يەدۇتۇنغا تاپشۇرۇلغان، داۋۇت يازغان كۈي» — «يەدۇتۇن»: داۋۇت پەيغەمبەر «مەدھىيە خورى»نىڭ يېتەكچىسى دەپ بېكىتكەن، يەدۇتۇن ئىسىملىك بىر كىشىنى كۆرسىتىدۇ («1تار.» 41:16نى كۆرۈڭ).
—يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «يەدۇتۇن» (مەدھىيىلەش دېگەن مەنىدە) ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ داۋۇت يازغان كۈي: ــ...».
2:62 «مەن ئۇنچىلىك تەۋرىنىپ كەتمەيمەن» — ياكى باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «زور ئېغىرچىلىقتىمۇ تەۋرەنمەيمەن».

مەسلىھەتى يوقتۇر؛
يالغانچىلىقلاردىن خۇرسەن ئۇلار؛
ئاغزىدا بەخت تىلىگىنى بىلەن،
ئۇلار ئىچىدە لەنەت ئوقۇيدۇ.
سېلاھ.

5 ئى جېنىم، خۇداغىلا قاراپ سۈكۈتتە كۈتكىن؛
چۈنكى مېنىڭ ئۈمىدىم ئۇنىڭدىندۇر.
6 پەقەت ئۇ مېنىڭ قورام تېشىم ھەم مېنىڭ نىجاتلىقىم،
مېنىڭ يۇقىرى قورغىنىمدۇر؛
مەن تەۋرىنىپ كەتمەيمەن.
7 نىجاتلىقىم ھەم شان-شۆھرىتىم خۇداغا باغلىقتۇر؛
مېنىڭ كۈچلۈك بولغان قورام تاش، مېنىڭ پاناھگاھىم خۇدادىدۇر.
8 ئى خالايىق، ئۇنىڭغا ھەردائىم تايىنىڭلار!
ئۇنىڭ ئالدىدا ئىچ-باغرىڭلارنى تۆكۈڭلار؛
خۇدا بىزنىڭ پاناھگاھىمىزدۇر!
سېلاھ.

9 ئاددىي بەندىلەر پەقەت بىر تىنىق،
ئېسىلزادىلەرمۇ بىر ئالدام سۆز خالاس؛
تارازىغا سېلىنسا ئۇلارنىڭ قىلچە سالمىقى يوق،
بىر تىنىقتىنمۇ يېنىكتۇر.
10 زومىگەرلىككە تايانماڭلار؛
بۇلاڭچىلىقتىن خام خىيال قىلماڭلار،
بايلىقلار ئاۋۇسىمۇ، بۇلارغا كۆڭلۈڭلارنى قويماڭلار؛
11 خۇدا بىر قېتىم ئېيتقانكى،
مۇنداق دېگىنىنى ئىككى قېتىم ئاڭلىدىمكى: ــ
«كۈچ-قۇدرەت خۇداغا مەنسۇپتۇر».

[12] ھەم ئى رەب، ساڭا ئۆزگەرمەس مۇھەببەتمۇ مەنسۇپتۇر؛
چۈنكى سەن ھەربىر كىشىگە ئۆز ئەمەلىگە يارىشا قايتۇرىسەن.

## 63-كۈي
## خۇداغا ئىنتىزار بولۇش

63 [1] داۋۇت يازغان كۈي (ئۇ يەھۇدادىكى چۆل-باياۋاندا بولغان چاغدا يېزىلغان): ــ

ئى خۇدا، سەن مېنىڭ ئىلاھىمدۇرسەن،
تەشنالىق بىلەن سېنى ئىزدىدىم!
مەن قۇرغاق، چاڭقاق، سۇسىز زېمىندا تۇرۇپ،
جېنىم ساڭا ئىنتىزار، ئەتلىرىم تەلمۈرۈپ ئىنتىلاركى ــ
[2] مۇقەددەس جايىڭدا ساڭا كۆز تىكىپ قارىغىنىمدەك،
مەن يەنە زور قۇدرىتىڭ ۋە ئۇلۇغلۇقۇڭنى كۆرسەم!
[3] ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ھاياتتىنمۇ ئەزىزدۇر؛
لەۋلىرىم سېنى مەدھىيىلەيدۇ؛
[4] شۇ سەۋەبتىن تىرىك بولساملا، ساڭا تەشەككۈر-مەدھىيە ئوقۇيمەن،
سېنىڭ نامىڭدا قوللىرىمنى كۆتۈرىمەن.
[5] جېنىم نازۇنېمەتلەردىن ھەم مايلىق گۆشلەردىن قانائەتلەنگەندەك قانائەتلىنىدۇ؛
ئاغزىم ئېچىلىپ خۇش لەۋلىرىم ساڭا مەدھىيىلەرنى ياڭرىتىدۇ؛
[6] ئورنۇمدا يېتىپ سېنى ئەسلىگىنىمدە،

---

**12:62** ئايۇپ 11:34؛ پەند. 12:24؛ يەر. 19:32؛ ئەز. 27:7؛ 20:33؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 2كور. 10:5؛ ئەف. 8:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1؛ ۋەھ. 12:22

**1:63** 1سام. 5:22؛ 14،15:23

5:63 **«جېنىم نازۇنېمەتلەردىن ھەم مايلىق گۆشلەردىن قانائەتلەنگەندەك قانائەتلەندى»**
ــ يەھۇدىيلار ئۈچۈن مايلىق گۆش ئىنتايىن ئېسىل تاماق ھېسابلىنىدۇ.

تۈن كېچىلەردە سېنى سېغىنىپ ئويلىنىمەن.
[7] چۈنكى سەن ماڭا ياردەمدە بولۇپ كەلگەنسەن؛
سېنىڭ قانىتىڭ سايىسىدە شاد-خۇراملىقتا ناخشىلارنى ياڭرىتىمەن.
[8] مېنىڭ جېنىم ساڭا چىڭ چاپلىشىپ ماڭىدۇ،
سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ مېنى يۆلىمەكتە.
[9] بىراق جېنىمنى يوقىتىشقا ئىزدەۋاتقانلار يەر تەكتىلىرىگە چۈشۈپ
كېتىدۇ.
[10] ئۇلارنىڭ قېنى قىلىچ تىغىدا تۆكۈلىدۇ،
ئۇلار چىلبۆرىلەرگە يەم بولىدۇ.
[11] لېكىن پادىشاھ خۇدادىن شادلىنىدۇ؛
ئۇنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغانلارنىڭ ھەممىسى روھلىنىپ
شادلىنىدۇ؛
چۈنكى يالغان سۆزلىگۈچىلەرنىڭ زۇۋانى تۇۋاقلىنىدۇ.

## 64-كۈي
## ئامانلىق تىلەش دۇئاسى

64 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت
يازغان كۈي: —

ئى خۇدا، ئاھلىرىمنى كۆتۈرگەندە، مېنى ئاڭلىغايسەن!
ھاياتىمنى دۈشمەنىنىڭ ۋەھشىلىكىدىن قوغدىغايسەن!
[2] قارا نىيەتلەرنىڭ يوشۇرۇن سۇيىقەستلىرىدىن،
يامانلىق ئەيلىگۈچى قاغا-قۇزغۇنلاردىن ئامان قىلغايسەن.
[4-3] ئۇلار تىللىرىنى قىلىچتەك ئۆتكۈر بىلىدى؛
مۆكەممەل ئادەمنى يوشۇرۇن جايدىن ئېتىش ئۈچۈن،

11:63 **«ئۇنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغانلار ...»** ــ بەلكىم ئالدىئالا تىلغا ئېلىنغان پادىشاھنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇڭا مەسىھنىڭ نامى بولۇشى كېرەك.

ئۇلار ئوقىنى بەتلىگەندەك زەھەرلىك سۆزىنى تەييارلىدى.
ئۇلار قىلچە ئەيمەنمەي تۇيۇقسىز ئوق چىقىرىدۇ.
5 ئۇلار بەتنىيەتتە بىر-بىرىنى رىغبەتلەندۇرۇپ،
يوشۇرۇن تۇزاق قۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپ،
«بىزنى كىم كۆرەلەيتتى؟» ــ دېيىشمەكتە.
6 ئۇلار قەبىھلىككە ئىنتىلىپ: ــ
«بىز ئىزدىنىپ، ئەتراپلىق بىر تەدبىر تېپىپ چىقتۇق!» ــ دەيدۇ؛
ئىنساننىڭ ئىچ-باغرى ۋە قەلبى دەرۋەقە چوڭقۇر ۋە بىلىپ بولماس بىر نەرسىدۇر!
7 لېكىن خۇدا ئۇلارغا ئوق ئاتىدۇ؛
ئۇلار تۇيۇقسىز زەخىملىنىدۇ.
8 ئۇلار ئۆز تىلى بىلەن پۇتلىشىدۇ؛
ئۇلارنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى نېرى تارتىدۇ.
9 ھەممە ئادەمنى قورقۇنچ باسىدۇ؛
ئۇلار خۇدانىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىدۇ،
بەرھەق، ئۇلار ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئويلىنىپ ساۋاق ئالىدۇ.
10 ھەققانىيلار پەرۋەردىگاردا خۇشال بولۇپ،
ئۇنىڭغا تايىنىدۇ؛
كۆڭلى دۇرۇس ئادەملەر روھلىنىپ شادلىنىدۇ.

## 65-كۈي
## مەدھىيە ۋە تەشەككۈر

65 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي-ناخشا: ــ

8:64 «ئۇلارنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى نېرى تارتىدۇ» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇلارنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بېشىنى سىلكىيدۇ».

زىئوندا، مەدھىيە سۈكۈت ئىچىدە سېنى كۈتىدۇ، ئى خۇدا؛
ساڭا قىلغان ۋەدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.
[2] ئى، دۇئا ئاڭلىغۇچى، سېنىڭ ئالدىڭغا بارلىق ئەت ئىگىلىرى كېلىدۇ.
[3] گۇناھلىق ئىشلار، ئاسىيلىقلىرىمىز،
كەلكۈن باسقاندەك مەندىن غالىپ كېلىدۇ؛
لېكىن سەن ئۇلارنى يېپىپ كەچۈرۈم قىلىسەن؛
[4] سەن تاللاپ ئۆزۈڭگە يېقىنلاشتۇرغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك!
ئۇ هويلىلىرىڭدا ماكانلىشىدۇ؛
بىزلەر سېنىڭ ماكانىڭنىڭ، يەنى مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭنىڭ بەرىكىتىدىن قانائەت تاپىمىز؛
[5] سەن ھەققانىيلىقنى نامايان قىلىدىغان كارامەت ۋە دەھشەت ئىشلار بىلەن بىزگە جاۋاب،
ئى نىجاتلىقىمىز بولغان خۇدا،
پۈتكۈل يەر-دېڭىزلارنىڭ چەت-چەتلىرىدىكىلەرگىچە تايانچى بولغۇچى!
[6] بېلىڭ قۇدرەت بىلەن باغلانغان بولۇپ،
كۈچۈڭ بىلەن تاغلارنى بەرپا قىلغانسەن؛
[7] دېڭىزلارنىڭ ئۆركەشلىگەن شاۋقۇنلىرىنى،
دولقۇنلارنىڭ شاۋقۇنلىرىنى،
ھەمدە ئەللەرنىڭ چۇقانلىرىنى تىنجىتقۇچىسەن!
[8] جاھاننىڭ چەت-چەتلىرىدە تۇرۇۋاتقانلار كارامەتلىرىڭدىن قورقىدۇ؛
سەن كۈنچىقىشتىكىلەرنى، كۈنپېتىشتىكىلەرنى شادلاندۇرىسەن؛

---

1:65 **«زىئوندا، مەدھىيە سۈكۈت ئىچىدە سېنى كۈتىدۇ، ئى خۇدا»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «زىئوندا، سېنىڭ ئالدىڭدا، سۈكۈت بولىدۇ، مەدھىيمۇ بولىدۇ».

3:65 **«لېكىن سەن ئۇلارنى يەنى گۇناھلىق ئىشلار، ئاسىيلىقلىرىمىزنى يېپىپ كەچۈرۈم قىلىسەن»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلارنى يېپىپ كەفارەت قىلىسەن». «كەفارەت» دېگەن ئىش توغرۇلۇق «مىس.» 33:29 ۋە ئىزاھاتى، شۇنداقلا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

9 يەر يۈزىنىڭ غېمىنى يەپ يوقلاپ كېلىپ، ئۇنى سۇغىرىسەن،
ئۇنى تولىمۇ مۇنبەتلەشتۈرىسەن.
خۇدانىڭ دەريا-ئېرىقلىرى سۇغا تولغاندۇر؛
شۇنداق قىلىپ سۇلارنى تەييارلاپ،
كىشىلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيسەن.
10 ئېرىلغۇ ئېتىزلارنىڭ چۆنەكلىرىنى سۇغا قاندۇرىسەن،
قىرلىرىنى تاراشلايسەن،
تۇپراقنى مول يېغىنلار بىلەن يۇمشىتىسەن؛
ئۇنىڭدا ئۈنگەنلەرنى بەرىكەتلەيسەن.
11 سەن نېمەتلىرىڭنى يىلنىڭ هوسۇلىغا تاج قىلىپ قوشۇپ بېرىسەن؛
قەدەملىرىڭدىن باياشاتلىق هەريانغا تامىدۇ؛
12 دالادىكى يايلاقلارغىمۇ تامىدۇ؛
تاغ-داۋانلار شات-خوراملىقنى ئۆزلىرىگە بەلۋاغ قىلىدۇ؛
13 كۆكلەملەر قوي پادىلىرى بىلەن كىيىنگەن،
جىلغىلار مايسىلارغا قاپلىنىدۇ؛
ئۇلار خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلىدۇ،
بەرهەق، ئۇلار ناخشىلارنى ياڭرىتىشىدۇ!

## 66-كۈي
## ئىبادەتكە تۈرتكە بولىدىغان گۇۋاهلىق

66 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق سازلار بىلەن ئوقۇلسۇن دەپ، كۈي-ناخشا: —

پۈتكۈل جاهان، خۇشاللىق بىلەن خۇداغا تەنتەنە قىلىڭلار!
2 ئۇنىڭ نامىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ناخشا قىلىپ جاكارلاڭلار،
ئۇنىڭ مەدهىيىلىرىنى شەرەپلىك قىلىڭلار!
3 خۇداغا: «سېنىڭ قىلغانلىرىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇقتۇر!

**قۇدرىتىڭ زور بولغاچ،**
**دۈشمەنلىرىڭ ئالدىڭدا زەئىپلىشىپ تەسلىم بولىدۇ؛**
**4 بارلىق يەر يۈزىدىكىلەر ساڭا سەجدە قىلىپ،**
**سېنى كۈيلەپ، ناخشا ئېيتىشىدۇ؛**
**ئۇلار نامىڭنى كۈيلەپ ناخشا قىلىپ ئېيتىدۇ» ــ دەڭلار!**
**سېلاھ!**
**5 كېلىڭلار، خۇدانىڭ قىلغانلىرىنى كۆرۈڭلار؛**
**ئىنسان بالىلىرى ئالدىدا قىلغان كارامەتلىرى قورقۇنچلۇقتۇر.**
**6 ئۇ دېڭىزنى قۇرۇقلۇققا ئايلاندۇردى؛**
**ئەجدادلىرىمىز دەريادىنمۇ پىيادە ئۆتتى؛**
**بىز ئۇ يەردە ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولدۇق.**
**7 ئۇ قۇدرىتى بىلەن مەڭگۈ ھۆكۈم سۈرىدۇ؛**
**ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەللەرنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ؛**
**ئاسىيلىق قىلغۇچىلار مەغرۇرلانمىسۇن!**
**سېلاھ!**
**8 ئى قوۋملار، خۇدايىمىزغا تەشەككۇر-مەدھىيە ئېيتىڭلار؛**
**ئۇنىڭغا بولغان مەدھىيە-ھەمدۇسانالارنى ياڭرىتىڭلار!**
**9 ئۇ جېنىمىزنى ھاياتلىق ئىچىگە تىككەن،**
**پۇتلىرىمىزنى تېيىلدۇرۇشلارغا يول قويمايدۇ.**
**10 چۈنكى سەن، ئى خۇدا، بىزنى سىنىدىڭ؛**
**كۈمۈشنى ئوتتا تاۋلىغاندەك بىزنى تاۋلىدىڭ.**
**11 سەن بىزنى تورغا چۈشۈردۈڭ؛**
**بېلىمىزگە ئېغىر يۈكنى يۈكلىدىڭ.**
**12 خەقلەرنى بېشىمىزغا مىندۈردۈڭ؛**
**بىز ئوت ۋە كەلكۈننى بېسىپ ئۆتتۇق؛**
**سەن ئاخىر بىزنى كەڭرىچىلىككە چىقاردىڭ.**

---

**6:66** مىس. 14:21-31؛ يە. 14:3

**7:66** 2تار. 16:9؛ ئايۇپ 28:24؛ زەب. 33:13-14

13 مەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى ئېلىپ ئۆيۈڭگە كىرەي؛
ساڭا قىلغان قەسەملىرىمگە ئەمەل قىلىمەن؛
14 بەرھەق، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە لەۋلىرىم چىقارغان،
ئېغىزىم ئېيتقان ۋەدىلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.
15 مەن ساڭا بورداق ماللارنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ سۇنىمەن،
قوچقارلارنىڭ يېغىنى خۇش پۇرىتىپ كۆيدۈرىمەن؛
ئۆكۈز ۋە ئۆچكىلەرنى ئەكىلىپ سۇنىمەن.
سېلاھ!
16 خۇدادىن ئەيمىنگۈچى ھەممىڭلار، كېلىڭلار، قۇلاق سېلىڭلار!
ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن قىلغان كارامەتلىرىنى بايان قىلىمەن؛
17 ئاغزىم ئېچىپ ئۇنىڭغا پەرياد كۆتۈردۈم،
ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى جاكارلىغان مەدھىيىلەر تىلىمدا بولدى.
18 كۆڭلۈمدە گۇناھنى كۆزلەپ يۈرگەن بولسام،
رەب دۇئايىمنى ئاڭلىمىغان بولاتتى.
19 بىراق خۇدا ئاڭلىدى؛
ئۇ دۇئايىمغا قۇلاق سالدى.
20 خۇداغا تەشەككۈر-مەدھىيە ياغدۇرۇلسۇن!
ئۇ مېنىڭ دۇئايىمنى ياندۇرمىدى،
ھەم مەندىن ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىنى ئېلىپ كەتمىدى!

## 67-كۈي
## دۇنيا ئۈچۈن نىجاتلىق باردۇر!

67 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق سازلار بىلەن چېلىنسۇن، دەپ يېزىلغان كۈي-ناخشا: ـ

خۇدا بىزگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، بىزنى بەرىكەتلەپ،
ئۆز جامالىنىڭ نۇرىنى ئۈستىمىزگە چاچقاي!

سېلاھ!
2 شۇنداق قىلغاندا يولۇڭ پۈتكۈل جاھاندا،
قۇتۇلدۇرۇش-نىجاتلىقىڭ بارلىق ئەللەر ئارىسىدا ئايان بولىدۇ.
3 بارلىق قوۋملار سېنى مەدھىيىلىگەي، ئى خۇدا؛
بارلىق قوۋملار سېنى مەدھىيىلىگەي!
4 جىمى قوۋملار خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلىپ كۈيلىگەي،
چۈنكى سەن خەلق-مىللەتلەرگە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىسەن،
يەر يۈزىدىكى تائىپىلەرنى، سەن يېتەكلەيسەن؛
سېلاھ.
5 بارلىق قوۋملار سېنى مەدھىيىلىگەي، ئى خۇدا؛
بارلىق قوۋملار سېنى مەدھىيىلىگەي!
6 ۋە يەر-زېمىن كۆكلىرىنى ئۈندۈرىدۇ؛
خۇدا، بىزنىڭ خۇدايىمىز، بىزنى بەرىكەتلەيدۇ؛
7 خۇدا بىزنى بەرىكەتلەيدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكىلەر چەت-ياقىلارغىچە ئۇنىڭدىن ئەيمىنىشىدۇ!

## 68-كۈي
## غەلبە مۇناجىتى

68 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي-ناخشا: —

خۇدا ئورنىدىن تۇردى، دۈشمەنلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ!
ئۇنىڭغا ئۆچمەنلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن بەدەر قاچىدۇ!
2 ئىس-تۈتەك ئۇچۇرۇلغاندەك، ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ يوقىتىسەن،

1:67 چۆل. 6:25؛ زەب. 6:4
1:68 چۆل. 35:10

موم ئوتتا ئېرىتىلگەندەك،
رەزىللەر خۇدانىڭ ئالدىدا ھالاك بولىدۇ.
3 بىراق ھەققانىيلار خۇشاللىنىدۇ،
ئۇلار خۇدا ئالدىدا روھلىنىپ،
تەنتەنە قىلىپ شادلىنىدۇ.
4 خۇداغا كۈيلەر ئېيتىڭلار،
ئۇنىڭ نامىنى ناخشا قىلىپ ياڭرىتىڭلار؛
چۆل-باياۋانلارغا مىنگۈچىگە بىر يولنى كۆتۈرۈپ ياساڭلار؛
ئۇنىڭ نامى «ياھ»دۇر؛
ئۇنىڭ ئالدىدا شادلىنىڭلار.
5 يېتىملارغا ئاتا بولغۇچى،
تۇل خوتۇنلارنىڭ دەۋاسىنى سورىغۇچى،
ئۆز مۇقەددەس ماكانىدا تۇرغان خۇدادۇر.
6 خۇدا غېرىبلارنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىدۇ؛
ئۇ مەھبۇسلارنى ئاۋاتلىققا چىقىرىدۇ؛
لېكىن ئاسىيلارنى قاغجىراق يەردە قالدۇرىدۇ.
7 ئى خۇدا، ئۆز خەلقىڭنىڭ ئالدىدا ماڭغىنىڭدا،
چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ سەپەر قىلغىنىڭدا،
(سېلاھ) —
8 خۇدانىڭ ھۇزۇرى ئالدىدا،
يەنى ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ ھۇزۇرى ئالدىدا،
يەر-جاھان تەۋرىنىپ،
ئاسمانلارمۇ يېغىن ياغدۇردى؛
ئاۋۇ سىناي تېغىمۇ تەۋرىنىپ كەتتى.
9 سەن، ئى خۇدا، ئۆز مىراسىڭ بولغان زېمىن-خەلق ئۇستىگە

---

4:68 **«چۆل-باياۋانلارغا مىنگۈچى»** — ياكى «بۇلۇتلارغا مىنگۈچى...». قايسى مەنىسى توغرا بولسۇن خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرستىدۇ. 7-ئايەتنى كۆرۈڭ.
**8:68** مىس. 19

خاسىيەتلىك بىر يامغۇر ياغدۇردۇڭ؛
ئۇلار ھالسىزلانغاندا ئۇلارنى كۈچلەندۈردۈڭ.
10 سېنىڭ باققان پاداڭ ئۇ يەرگە ماكانلاشتى؛
مېھرىبانلىقىڭ بىلەن مۆمىنلەر ئۈچۈن تەييارلىق قىلدىڭ، ئى خۇدا!
11 رەب ئەمر قىلدى؛
ئۇنى جاكارلىغۇچى قىز-ئاياللار نېمىدېگەن زور بىر قوشۇندۇر!
12 «پادىشاھلار ھەم قوشۇنلىرى بەدەر قېچىشتى، بەدەر قېچىشتى!» — دېيىشتى؛
ئۆيدە ئولتۇرغان قىز-ئاياللار بولسا ئولجىلارنى بۆلۈشۋالدۇ؛
13 سىلەر قوي باققاندا پادىلار ئارىسىدا ياتقان بولساڭلارمۇ،
زېمىننىڭلار ئەمدى قاناتلىرىغا كۈمۈش سەپكەن،
پەيلىرى پارقىراق ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن پاختەكتەك بولىدۇ؛
14 ھەممىگە قادىر خۇدا پادىشاھلارنى زېمىندا تىرىپىرەن قىلىۋەتكەندە،
يەر زالمون تېغىدىكى قاردەك ئاقىرىپ كەتتى.
15 باشان تېغى قۇدرەتلىك بىر تاغ،
باشان تېغى ئېگىز چوققىلىرى كۆپ بىر تاغدۇر؛
16 ئەي ئېگىز چوققىلىق تاغلار،
نېمە ئۈچۈن خۇدا ئۆز ماكانى قىلىشنى خالىغان تاغقا ھەسەت بىلەن قارايسىلەر؟

---

10:68 **«سەن باققان پاداڭ»** — ئىسرائىل خەلقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.
13:68 **«سىلەر قوي باققاندا پادىلار ئارىسىدا ياتقان بولساڭلارمۇ، زېمىننىڭلار ئەمدى قاناتلىرىغا كۈمۈش سەپكەن، پەيلىرى پارقىراق ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن پاختەكتەك بولىدۇ»** — بۇ ئايەتنى ئىبرانىي تىلىدا چۈشىنىش تەس، ھەرخىل تەرجىمىلىرى بار. مەنىسى بەلكىم، ئىسرائىل خەلقى ئەسلىدە كەمبەغەل ئەھۋالدا ياشىغان بولسىمۇ (قوي باققۇچى بولۇپ)، خۇدا پەلەستىن زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگە كۆپ ئولجىنى (ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىقلار) چېچىپ، ئۇلارنى بېيىتتى (14-ئايەتنى كۆرۈڭ).
15:68 **«باشان تېغى قۇدرەتلىك بىر تاغ، باشان تېغى ئېگىز چوققىلىرى كۆپ بىر تاغدۇر»** — باشقا تەرجىمىلىرى: «خۇدانىڭ تېغى باشان تېغىدەكتۇر — كۆپ چوققىلىق بىر تاغدەك، باشان تېغىدەكتۇر» ياكى «باشان تېغى خۇدانىڭ تېغىدۇر، باشان تېغى ئېگىز چوققىلىرى كۆپ بىر تاغدۇر»




ئىسرائىلىيەنىڭ تاغ-جىلغىلىرى

دەرۋەقە، پەرۋەردىگار شۇ تاغدا مەڭگۈ تۇرىدۇ!
17 خۇدانىڭ جەڭ ھارۋىلىرى تۈمەن-تۈمەن،
مىليون-مىليوندۇر؛
رەب ئۇلار ئارىسىدا تۇرىدۇ؛
سىناي تېغىدىكى مۇقەددەس جايدا تۇرىدۇ.
18 سەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدۈڭ،
ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلغۇچىلارنى ئۆزۈڭ ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتىڭ؛
ياھ خۇدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشى ئۈچۈن،
ھەتتا ئاسىيلىق قىلغانلار ئارىسىدا تۇرۇشى ئۈچۈنمۇ،

---

**16:68** **«خۇدا ئۆز ماكانى قىلىشنى خالىغان تاللىغان تاغ»** — يېرۇسالېمدىكى زىئون تېغى.

**16:68** زەب. 1:87، 2؛ 13:132

**17:68** **«رەب... سىناي تېغىدىكى مۇقەددەس جايدا تۇرىدۇ»** — بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم: «خۇدا سىناي تېغىدا قانداق قىلغان بولسا، ئۇ يېرۇسالېمدىكى (زىئون تېغىدىكى) مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇپ شۇنداق قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ — دېمەك، سۈرلۈك، شان-شەرەپلىك ھالەتتە بولۇپ، پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كالام-ۋەھيىلىرىنى ئايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ» دېگەندەك.

**17:68** قان. 2:33

سەن ئىنسان ئارىسىدا تۇرۇپ ئىلتىپاتلارنى قوبۇل قىلدىڭ.
[19] رەب مەدھىيىلەنسۇن؛
چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى يۈكلىرىمىزنى كۆتۈرمەكتە؛
يەنى نىجاتلىقىمىز بولغان تەڭرى!
سېلاھ.
[20] بىزنىڭ تەڭرىمىز بىردىنبىر نىجاتكار تەڭرىدۇر؛
رەبگە، يەنى پەرۋەردىگارغىلا، ئۆلۈمگە باغلىق ئىشلار تەۋەدۇر.
[21] بەرھەق، خۇدا ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ بېشىنى يارىدۇ،
ئۆز گۇناھلىرىدا داۋاملىق كېتىۋېرىدىغانلارنىڭ چاچلىق كاللىسىنى
ئۇ چاقىدۇ.
[22] رەب مۇنداق دېدى: «ئۆز خەلقىمنى باشان دىيارىدىنمۇ،

---

18:68 **«سەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدۈڭ، ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلغۇچىلارنى ئۆزۈڭ ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتىڭ؛ ياھ خۇدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشى ئۈچۈن، ھەتتا ئاسىيلىق قىلغانلار ئارىسىدا تۇرۇشى ئۈچۈنمۇ، سەن ئىنسان ئارىسىدا تۇرۇپ ئىلتىپاتلارنى قوبۇل قىلدىڭ»** — بۇ مۇھىم ھەم سىرلىق ئايەتكە ئىنجىلدا، «ئەف.» 4-بابتا تەبىر بېرىلىدۇ؛ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئىنسان ئارىسىدا ئۆزى ئىنسان بولۇپ، ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلغۇچىلار (يەنى گۇناھ، ئۆلۈم ۋە جىن-شەيتانلاردىن ئىبارەت) ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئاسمانلارغا كۆتۈرۈلۈپ، ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ھەم ئۇلارنى (ئىشەنگەن ئىنسانلارنى) خۇدانىڭ يېڭى بىر «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»سى قىلىش ئۈچۈن ئەرشتىكى ئاتىسىدىن ئىلتىپاتلارنى قوبۇل قىلدۇ.
**18:68** ئەف. 8:4؛ چۆل. 21:17؛ يە. 23:9؛ ئەزرا 20:8
19:68 **«...ئۇ ھەر كۈنى يۈكلىرىمىزنى كۆتۈرمەكتە»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «... ئۇ ھەركۈنى ئۈستىمىزگە ياخشىلىقلارنى يۈكلەيدۇ».
20:68 **«رەبگە، يەنى پەرۋەردىگارغىلا، ئۆلۈمگە باغلىق ئىشلار تەۋەدۇر»** — ياكى باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «رەبدە، يەنى پەرۋەردىگاردىلا، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش يوللىرىمۇ بار».
21:68 **«ئۆز گۇناھلىرىدا داۋاملىق كېتىۋېرىدىغانلارنىڭ چاچلىق كاللىسىنى ئۇ خۇدا چاقىدۇ»** — «چاچلىق كاللا»: بەزى خەلقلەر: «باشتا چاچ كۆپ بولسا، كۈچ كۆپ بولىدۇ» دېگەن خۇراپىي كۆزقاراشنى قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك.

دېڭىزلارنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىنمۇ قايتۇرۇپ كېلىمەن؛
23 شۇنداق قىلىپ سەن خەلقىمنىڭ پۇتى قانغا،
يەنى دۈشمەنلىرىڭنىڭ قېنىغا مىلىنىدۇ،
ئىتلىرىڭنىڭ تىلى بۇنىڭدىنمۇ نېسىۋىسىنى يالايدۇ».
24 ئۇلار سېنىڭ ماڭغانلىرىڭنى كۆردى، ئى خۇدا؛
يەنى مېنىڭ ئىلاھىم، مېنىڭ پادىشاھىمنىڭ مۇقەددەس جايغا
كىرىپ ماڭغانلىرىنى كۆردى؛
25 ئالدىڭدا مۇناجاتچىلار، كەينىڭدە چالغۇچىلار ماڭدى،
ئوتتۇرىسىدا داپچى قىزلار بار ئىدى:
26 «جامائەتلەردە خۇدا رەبگە تەشەككۈر-مەدھىيە ئېيتىڭلار،
ئى ئىسرائىل بۇلاقلىرىدىن چىققانلار!» ــ دېيىشتى.
27 ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ باشلامچىسى بولغان كىچىك بىنيامىن قەبىلىسى
ماڭدۇ؛
يەھۇدا ئەمىرلىرى، زور بىر توپ ئادەملەر،
زەبۇلۇننىڭ ئەمىرلىرى، نافتالىنىڭ ئەمىرلىرىمۇ بار.
28 سېنىڭ خۇدايىڭ كۈچۈڭنى بۇيرۇپ بېكىتكەن؛
ئۆزۈڭ بىز ئۈچۈن قىلغىنىڭنى مۇستەھكەملىگەيسەن، ئى خۇدا!
29 يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخاناڭ ۋەجىدىن،
پادىشاھلار ساڭا ئاتاپ ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؛

---

22:68 **«ئۆز خەلقىمنى باشان دىيارىدىنمۇ، دېڭىزلارنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىنمۇ قايتۇرۇپ كېلىمەن»** ــ «ئۆز خەلقىمنى» ئىبرانيي تىلىدا «ئۇلارنى» دەپ ئېلىنغان. بىز «ئۇلارنى» دېگەن سۆزنى «ئۆز خەلقىمنى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. بەزى ئالىملار «ئۇلار»نى ئىسرائىلنىڭ دۈشمەنلىرى دەپ قارايدۇ (ئۇلار خۇدا شۇ دۈشمەنلەرنى ئىسرائىل ئۇلاردىن قىساس ئالسۇن دەپ قايتۇرغان، دەپ قارايدۇ).

**22:68** مىس. 29:14؛ چۆل. 33:21

24:68 **«ئۇلار سېنىڭ ماڭغانلىرىڭنى كۆردى، ئى خۇدا... پادىشاھىمنىڭ مۇقەددەس جايغا كىرىپ ماڭغانلىرىنى كۆردى»** ــ بۇ ئايەتتىكى «ئۇلار» خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىنى كۆرسىتىشى بولسا كېرەك. خۇدانىڭ «مۇقەددەس جايغا كىرىپ ماڭغانلىرى» دېگەننى چۈشىنىش ئۈچۈن «مىس.» 16:40-38 ۋە «1پاد.» 1:8-11نى كۆرۈڭ.

**29:68** 1پاد. 25:10، 24، 10؛ 2تار. 23:32؛ زەب. 10:72؛ 76:11-12

30 ئاھ، ھېلىقى قومۇشلۇقتىكى يىرتقۇچ جانىۋارنى،
كۈچلۈكلەرنىڭ توپىنى،
تائىپىلەردىكى تورپاقلارنىمۇ ئەيىبلىگەيسەن؛
ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئەكىلىپ ساڭا تىز پۈكۈشىدۇ؛
ئۇرۇشخۇمار خەلقلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەيسەن!
31 مۆتىۋەر ئەلچىلەر مىسىردىن كېلىدۇ،
ئېفىئوپىيە بولسا خۇداغا قاراپ قوللىرىنى تېزدىن كۆتۈرىدۇ.
32 ئى يەر يۈزىدىكى ئەل-يۇرتلار، خۇدانى ناخشا بىلەن مەدھىيىلەڭلار؛
رەبنى مەدھىيىلەپ كۈيلەرنى ئېيتىڭلار!
(سېلاھ)
33 ئاسمانلارنىڭ ئۈستىگە،
قەدىمدىن بار بولغان ئاسمانلارنىڭ ئۈستىگە مىنگۈچى توغرۇلۇق كۈي ئېيتىڭلار!
مانا، ئۇ ئاۋازىنى ئاڭلىتىدۇ،
ئۇنىڭ ئاۋازى كۈچلۈكتۇر!
34 خۇدانى كۈچلۈك دەپ بىلىپ جاكارلاڭلار،
ئۇنىڭ ھەيۋىسى ئىسرائىل ئۈستىدە،
ئۇنىڭ كۈچى بۇلۇتلاردا تۇرىدۇ؛
35 ئى خۇدا، مۇقەددەس جايلىرىڭدىن سۈرلۈك كۆرۈنىسەن!
ئىسرائىلنىڭ بىردىنبىر تەڭرىسى!
خەلققە كۈچ-قۇدرەت بەرگۈچى بولسا، ئۇدۇر!
خۇداغا تەشەككۈر-مەدھىيە ئوقۇلسۇن!

---

30:68 **«قومۇشلۇقتىكى يىرتقۇچ جانىۋار»** — بەلكىم مىسىرنى نىل دەرياسىدىكى تىمساھقا ئوخشىتىدۇ.

# 69-كۈي

## زور دەرد-ئەلەم ۋە ئازابلاردىن كېيىنكى غەلبە

69
[1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «نىلۇپەرلەر» دېگەن
ئاھاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: —

مېنى قۇتقۇزغايسەن، ئى خۇدا!
سۇلار جېنىمدىن ئۆتتى؛
[2] تۇرغۇدەك جاي يوق چوڭقۇر پاتقاقلىققا چۆكۈپ كەتتىم؛
سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ كەتتىم،
كەلكۈن مېنى غەرق قىلدى.
[3] پەريادلىرىمدىن ھالىمدىن كەتتىم؛
گاللىرىم قۇرۇپ كەتتى؛
خۇدايىمغا تەلمۈرۈپ، كۆزۈمدىن كېتەي دەپ قالدىم؛
[4] سەۋەبسىز ماڭا ئۆچ بولغانلار چاچلىرىمدىنمۇ كۆپتۇر؛
مېنى يوقاتماقچى بولغانلار،
قارا چاپلاپ مەن بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلار كۈچلۈكتۇر؛
شۇ چاغدا ئۆزۈم بۇلىمىغان نەرسىنى قايتۇرىمەن.
[5] ئى خۇدا، مېنىڭ نادانلىقىم ئۆزۈڭگە ئايان؛
مېنىڭ قەبىھلىكلىرىم سەندىن يوشۇرۇن ئەمەستۇر.
[6] مېنىڭ سەۋەبىمدىن، ئى رەب، ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار،
ئۆزۈڭگە ئۈمىد باغلاپ كۈتكەنلەر يەرگە قاراپ قالمىغاي؛

---

4:69 **«سەۋەبسىز ماڭا ئۆچ بولغانلار چاچلىرىمدىنمۇ كۆپتۇر؛ مېنى يوقاتماقچى بولغانلار، قارا چاپلاپ مەن بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلار كۈچلۈكتۇر؛ شۇ چاغدا ئۆزۈم بۇلىمىغان نەرسىنى قايتۇرىمەن»** — تولۇق بېشارەتتىكى بۇ سىرلىق سۆز مەسىھ كرېستكە مىخلانغان ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. «شۇ چاغدا» مەسىھ ئىبلىس ئىنسانلاردىن بۇلىۋالغان ئامانلىقنى، ئىنسانلارنىڭ خۇدا بىلەن بولغان ئىناقلىقىنى ئىنسانلارغا نىجاتلىق يولىدا قايتۇرۇپ ئىلىپ بەردى. بۇ كۈيدىكى بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى مەسىھ ۋە ئۇنىڭ جەككەن ئازابلىرىنى ۋە ئازابلىرى ئارقىلىق قازانغان غەلىبىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، ئۆزۈڭنى ئىزدىگۈچىلەر مېنىڭ
سەۋەبىمدىن شەرمەندە بولمىغاي؛
7 چۈنكى سېنى دەپ مەن رەسۋاچىلىققا ئۇچرىدىم؛
شەرمەندىلىك يۈزۈمگە چاپلاندى.
8 مەن ئۆز قېرىنداشلىرىمغا يات،
ئانامنىڭ بالىلىرىغا ياقا يۇرتلۇق بولدۇم.
9 چۈنكى مېنى مۇقەددەس ئۆيۈڭگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت
چۇلغىۋالغاندى؛
ساڭا ھاقارەت قىلغانلارنىڭ ھاقارەتلىرىمۇ مېنىڭ ئۈستۈمگە
چۈشتى؛
10 مەن يىغلىدىم، جېنىم روزا تۇتتى،
بۇمۇ ماڭا ئەيىب دەپ قارالدى.
11 مەن بۆزنى كىيىمىم قىلىپ كىيسەم،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۆز-چۆچەكىگە قالدىم.
12 شەھەر قوۋۇقىدا ئولتۇرغانلارنىڭ تەنە گېپىگە قالدىم،
مەيخورلارنىڭ ناخشىسىنىڭ تېمىسى بولدۇم.
13 بىراق مەن شەپقىتىڭنى كۆرسەتكەن ۋاقتىڭدا دۇئايىمنى ساڭا
نىشانلىدىم، ئى پەرۋەردىگار؛
ئى خۇدا، ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنىڭ زورلۇقىدىن،
نىجاتلىق ئىشەنچىدە ماڭا جاۋاب بەرگەيسەن؛
14 مېنى پاتقاقلىقتىن قۇتقۇزۇۋالغايسەن،
مېنى چۆكتۈرمىگەيسەن؛

---

9:69 **«مېنى مۇقەددەس ئۆيۈڭگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت چۇلغىۋالغاندى»** — «يۇھ.» 17:2نى كۆرۈڭ.

**9:69** يۇھ. 17:2؛ رىم. 3:15

11:69 **«مەن بۆزنى كىيىمىم قىلىپ كىيسەم..»** — «بۆز كىيىم»نى كىيىۋېلىش (ھازا تۇتقاندەك) ئۆزى ياكى باشقىلار ئۈچۈن قاتتىق دۇئا قىلىشنىڭ بىرخىل ئىپادىسى.

13:69 **«نىجاتلىق ئىشەنچىدە ماڭا جاۋاب بەرگەيسەن»** — ئىبرانىي تىلدا «نىجاتلىقىڭ ئىشەنچىدە ماڭا جاۋاب بەرگەيسەن».

ماڭا ئۆچمەن بولغانلاردىن،
سۈنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن؛
15 كەلكۈن سۇلىرىغا مېنى غەرق قىلدۇرمىغايسەن؛
دېڭىز تەگلىرىگىمۇ مېنى يۇتقۇزمىغايسەن؛
تېگى يوق ھاڭنىڭ مېنى ھاپ ئېتىپ ئاغزىنى يۇمۇۋېلىشىغا يول قويمىغايسەن!
16 دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغايسەن، ئى پەرۋەردىگار،
چۈنكى ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ياخشىدۇر؛
مول رەھىمدىللىقىڭ بىلەن ماڭا يۈزلەنگەيسەن؛
17 جامىلىڭنى قۇلۇڭدىن يوشۇرمىغايسەن؛
چۈنكى بېشىمغا كۈن چۈشتى؛
تېزدىن ماڭا جاۋاب بەرگەيسەن.
18 جېنىمغا يېقىنلاشقايسەن،
ئۇنىڭغا ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى بولغايسەن؛
دۈشمەنلىرىم ئالدىدا مېنى ھۆرلۈككە چىقارغايسەن؛
19 ئۆزۈڭ مېنىڭ رەسۋالىقتا ھەم ھۆرمەتسىزلىكتە قالغىنىمنى،
قانداق ھاقارەتلەنگىنىمنى بىلىسەن؛
رەقىبلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭگە ئايان.
20 ھاقارەت قەلبىمنى پارە قىلدى؛
مەن قايغۇغا چۆمۈپ كەتتىم؛
ئازغىنە ھېسداشلىقىقا تەلمۈرگەن بولسامۇ، يوق بولدى؛
تەسەللى بەرگۈچىلەرنىمۇ ئىزدىدىم، لېكىن بىرسىنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم.
21 بەرھەق، ئۇلار ئوزۇقۇمغا ئۆت سېلىپ،
ئۇسسۇزلۇقۇمغا سىركىنى بەردى.
22 ئۇلارنىڭ داستىخىنى ئۆزلىرىگە قىلتاق،

---

**21:69** مات. 34،48:27؛ مار. 23:15؛ يۇھ. 28،29:19

ئۇلارنىڭ ھالاۋىتى قاپقان بولغاي.
23 كۆزلىرى تورلىشىپ كۆرمەيدىغان بولۇپ كەتكەي؛
بەل-پۇتلىرىنى تىترەككە سالغايسەن؛
24 قەھرىڭنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەيسەن،
غەزىپىڭنىڭ ئوتلىرى ئۇلارغا تۇتاشقاي؛
25 ئۇلارنىڭ ماكانى خارابە بولغاي،
چېدىرلىرى چۆلدەرەپ قالغاي؛
26 چۈنكى ئۇلار سەن ئۇرغانغا تېخىمۇ زىيانكەشلىك قىلماقتا؛
سەن زەخىملەندۈرگەنلەرنىڭ ئازابىغا گەپ بىلەن ئازاب قوشماقتا.
27 ئۇلارنىڭ گۇناھىغا گۇناھ قوشقايسەن،
ھەققانىيلىقىڭنىڭ نېسىۋىسىگە ئۇلارنى ئېرىشتۈرمىگەيسەن.
28 ئۇلار ھاياتلىق دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈلگەي؛
ھەققانىيلارنىڭ قاتارىغا پۈتۈلمىگەي.
29 بىراق مەن بولسام بىر ئېزىلگەن دەردمەن؛
نىجاتلىقىڭ، ئى خۇدا، مېنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ قۇتقۇزغاي؛
30 مەن مۇناجات ئوقۇپ خۇدانىڭ نامىنى مەدھىيىلەيمەن؛
تەشەككۈرلەر بىلەن ئۇنى ئۇلۇغلايمەن؛
31 بۇ بولسا پەرۋەردىگارنى خورسەن قىلىش ئۈچۈن،
ئۆكۈز تەقدىم قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر؛
مۈڭگۈز-تۇياقلىرى ساق تورپاق بەرگەندىنمۇ ئارتۇقتۇر.
32 ياۋاش مۆمىنلەر بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولىدۇ؛
خۇدانى ئىزدىگەنلەر —
قەلبىڭلار يېڭىلىنىدۇ.
33 چۈنكى پەرۋەردىگار يوقسۇللارنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلايدۇ،
ئۆزىگە تەۋە ئەسىر قىلىنغانلارنى ئۇ كەمسىتمەيدۇ؛

---

**22:69** رىم. 9:11

**23:69** يەش. 9:6؛ 10:29؛ 18:44؛ رىم. 10:11

**25:69** روس. 20:1

[34] ئاسمان-زېمىن ئۇنى مەدھىيىلىسۇن!
دېڭىز-ئوكيانلار ھەم ئۇلاردا يۈرگۈچى بارلىق جانىۋارلار ئۇنى مەدھىيىلىگەي!
[35] چۈنكى خۇدا زىئوننى قۇتقۇزىدۇ؛
يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىنى قايتا بىنا قىلىدۇ؛
ئۇلار ئاشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، ئىگىلىك تىكلەيدۇ.
[36] ئۇنىڭ قۇللىرىنىڭ نەسىللىرى ئۇنىڭغا مىراس بولىدۇ،
ئۇنىڭ نامىنى سۆيگەنلەر ئۇ يەرلەردە ماكانلىشىدۇ.

## 70-كۈي
## «پەرۋەردىگار، تېز كەلگەيسەن!»

70 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «ئەسلىتىش ئۈچۈن»
ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: —

پەرۋەردىگار، مېنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىرىغايسەن!
پەرۋەردىگار، تېز كېلىپ ماڭا ياردەم قىلغايسەن!
[2] مېنىڭ جېنىمنى ئىزدەۋاتقانلار يەرگە قارىتىلىپ رەسۋا قىلىنسۇن؛
مېنىڭ زىيىنىمدىن خۇرسەن بولغانلار كەينىگە ياندۇرۇلۇپ شەرمەندە بولغاي.
[3] مېنى: — «ۋاھ! ۋاھ!» دەپ مەسخىرە قىلغانلار ئۆز شەرمەندىلىكىدىن كەينىگە يانغاي!
[4] بىراق سېنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى سەندە شادلىنىپ خۇشال بولغاي!
نىجاتلىقىڭنى سۆيگەنلەر ھەمىشە: «خۇدا ئۇلۇغلانسۇن» دېيىشكەي.
[5] بىراق مەن ئېزىلگەنمەن، ھەم يوقسۇلمەن؛

**1:70** زەب. 40:13-17
**2:70** زەب. 35:26،4؛ 71:13

يېنىمغا تېزدىن كەل، ئى خۇدا!
سەن مېنىڭ ياردەمچىم، مېنىڭ ئازاد قىلغۇچىم؛
ئى پەرۋەردىگار، كېچىكمەي كەلگەيسەن!

## 71-كۈي
## قېرىغاندا ئېيتقان دۇئا

71 [1] سەندىن، پەرۋەردىگاردىن پاناھ تاپىمەن؛
مېنى ھەرگىز يەرگە قاراتمىغايسەن.
[2] ئۆز ھەققانىيلىقىڭدا مېنى قۇتۇلدۇرغايسەن؛
ماڭا قۇلاق سالغايسەن،
مېنى قۇتقۇزغايسەن!
[3] ماڭا ئۆزۈم دائىم پاناھلىنىدىغان تۇرالغۇ قورام تاش بولغايسەن؛
سەن مېنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەيسەن؛
چۈنكى سەن ئېگىز تېشىم، قورغىنىمدۇرسەن.
[4] خۇدايىم، مېنى رەزىللەرنىڭ قولىدىن،
ھەققانىيەتسىز، رەھىمسىز ئادەمدىن ئازاد قىلغايسەن؛
[5] چۈنكى سەن مېنىڭ ئۈمىدىمدۇرسەن، ئى رەب پەرۋەردىگار،
ياشلىقىمدىن تارتىپلا مېنىڭ تايانچىمدۇرسەن؛
[6] بالىياتقۇدىكى ۋاقتىتىن باشلاپ مەن ساڭا تايىنىپ كەلدىم،
ئۆزۈڭ مېنى ئانامنىڭ قارنىدىن چىقارغۇچىسەن؛
مەدھىيەمنىڭ تېمىسى بولسا ھەردائىم سەن توغرۇلۇقتۇر.
[7] مەن نۇرغۇنلارغا غەيرىي ياكى كارامەت سانالدىم؛
چۈنكى سەن مېنىڭ مۇستەھكەم پاناھگاھىمدۇرسەن.

---

**1:71** زەب. 5:22؛ 2:25، 3؛ 31:1-3؛ يەش. 23:49

**6:71** **«ئۆزۈڭ مېنى ئانامنىڭ قارنىدىن چىقارغۇچىسەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئانامنىڭ قارنىدىلا مېنى ئاسرىدىڭ».

**7:71** **«مەن نۇرغۇنلارغا غەيرىي ياكى كارامەت سانالدىم؛ چۈنكى سەن مېنىڭ**

8 ئاغزىم كۈن بويى مەدھىيىلىرىڭ ھەم شان-شەرىپىڭگە تولدۇ؛
9 ئەمدى قېرىغىنىمدا مېنى تاشلىمىغايسەن؛
ماغدۇرۇم كەتكىنىدە، مەندىن ۋاز كەچمىگەيسەن.
10 چۈنكى دۈشمەنلىرىم ماڭا قارشى سۆزلىشىدۇ؛
جېنىمنى ئېلىشقا كۆزلەۋاتقانلار قەستلىشىپ: ــ
11 «خۇدا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتى؛
ئۇنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىڭلار،
چۈنكى قۇتقۇلدۇرۇدىغانلار يوقتۇر» ــ دېيىشىدۇ.
12 ئى خۇدا، مەندىن يىراقلاشمىغايسەن؛
ئى خۇدايىم، ماڭا ياردەمگە تېز كەلگەيسەن!
13 جېنىمغا كۈشەندە بولغانلار شەرمەندە بولۇپ يوقىتىلسۇن؛
زىيىنىمغا ئىنتىلگەنلەر رەسۋالىق ھەم شەرمەندىچىلىك بىلەن قاپلانسۇن؛
14 بىراق مەن بولسام، ئىزچىل ئۈمىدتە بولىمەن،
سېنى تېخىمۇ مەدھىيىلەيمەن.
15 ھەققانىيلىقىڭ، نىجاتلىقىڭ ئاغزىمدا كۈن بويى بايان قىلىنىدۇ؛
بۇلار سان-ساناقسىزدۇر، بىلگىنىمدىن كۆپ ئارتۇقتۇر.
16 مەن رەب پەرۋەردىگارنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىنى جاكارلىغان ھالدا كېلىمەن؛
سېنىڭ ھەققانىيلىقىڭنى ياد ئېتىپ جاكارلايمەن ــ
پەقەت سېنىڭكىنىلا!

---

**مۇستەھكەم پاناھگاھىمدۇرسەن»** ــ دېمەك، داۋۇتنىڭ تارىخى نۇرغۇن ئادەملەرگە خۇدانىڭ ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان ۋە خۇداغا تايىنىشقا رىغبەت بولغان.

**13:71** زەب. 4:35، 26؛ 40:14-15؛ 70:2-3

16:71 **«مەن رەب پەرۋەردىگارنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىنى جاكارلىغان ھالدا كېلىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەن رەب پەرۋەردىگارنىڭ زور قۇدرىتى بىلەن ئالغا ماڭىمەن».

17 ئى خۇدا، سەن ياشلىقىمدىن تارتىپ ماڭا ئۆگىتىپ كەلگەنسەن؛
بۈگۈنگە قەدەر سېنىڭ قىلغان كارامەت ئىشلىرىڭنى جاكارلاپ كېلىۋاتىمەن.
18 ئەمدى هازىر مەن قېرىپ، ئاق چاچلىق بولغىنىمدا، ئى خۇدا،
مەن بۇ دەۋرگە كۈچلۈك بىلىكىڭنى جاكارلىغۇچە،
كېلەر ئەۋلادنىڭ ھەممىسىگە قۇدرىتىڭنى ئايان قىلغۇچە،
مېنى تاشلىۋەتمىگەيسەن!
19 ئى ئۇلۇغ كارامەت ئىشلارنى قىلغان خۇدا،
ھەققانىيلىقىڭ پەلەككە تاقاشتى؛
ساڭا كىممۇ ئوخشاش بولالىسۇن!
20 سەن ماڭا كۆپ ھەم ئېغىر كۈلپەتلەرنى كۆرسەتكەنىكەنسەن،
مېنى قايتىدىن يېڭىلايسەن، يەر تەگلىرىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقىسەن؛
21 سەن مېنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلىپ،
ھەر تەرەپتىن ماڭا تەسەللى بېرىسەن.
22 مەن سېنى راۋاب چېلىپ مەدھىيىلەيمەن،
سېنىڭ ھەقىقىتىڭنى مەدھىيىلەيمەن، ئى خۇدايىم؛
چىلتار چېلىپ سېنى كۈيلەيمەن، ئى سەن، ئىسرائىلنىڭ مۇقەددىسى!
23 ساڭا كۈيلەر ئېيتقىنىمدا، لەۋلىرىم تەنتەنە قىلىدۇ،
ئۆزۈڭ ھۆرلۈككە چىقارغان جېنىممۇ شۇنداق روھلىنىپ ئېيتىدۇ؛
24 تىلىم كۈن بويى ھەققانىيلىقىڭ توغرىسىدا سۆزلەيدۇ؛
چۈنكى ماڭا يامانلىق قىلماقچى بولغانلار يەرگە قارىتىلىپ رەسۋا قىلىنىدۇ.

---

22:71 **«مەن سېنى راۋاب چېلىپ مەدھىيىلەيمەن»** ــ «راۋاب» مۇشۇ يەردە راۋابقا ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ساز.

## 72-كۈي

## تەختكە ئولتۇرىدىغان پادىشاھنىڭ ئوغلى توغرۇلۇق دۇئا-تىلەۋەت ھەم بېشارەت

## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

72 1 سۇلايمان ئۈچۈن: ــ
ئى خۇدا، پادىشاھقا ھۆكۈملىرىڭنى تاپشۇرغايسەن؛
پادىشاھنىڭ ئوغلىغا ئۆز ھەققانىيلىقىڭنى بەرگەيسەن.
2 شۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆز خەلقىڭ ئۈچۈن ھەققانىيلىق بىلەن،
ساڭا تەۋە ئېزىلگەن مۆمىنلەر ئۈچۈن ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛
3 تاغلار خەلققە تىنچ-ئامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ،
ئېدىرلىقلارمۇ ھەققانىيلىق بىلەن شۇنداق قىلىدۇ.
4 پادىشاھ خەلق ئارىسىدىكى ئېزىلگەنلەرگە ئادىل ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ؛
ئۇ نامراتلارنىڭ باللىرىنى قۇتقۇزىدۇ،
زالىملارنى بىتچىت قىلىدۇ.
5 شۇنداق بولغاندا كۈن ۋە ئاي يوق بولۇپ كەتمىسىلا،
ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا خەلق سەندىن ئەيمىنىدۇ.
6 ئۇ بولسا گويا يېڭىدىن ئورغان ئوتلاققا ياغقان يامغۇردەك،

---

1:72 **«ئى خۇدا، پادىشاھقا ھۆكۈملىرىڭنى تاپشۇرغايسەن؛ پادىشاھنىڭ ئوغلىغا ئۆز ھەققانىيلىقىڭنى بەرگەيسەن»** ــ شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇلۇغ بېشارەتنىڭ تولۇق مەنىسى سۇلايماننىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. **«سۇلايمان ئۈچۈن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «سۇلايماننىڭكى» ياكى «سۇلايمانغا تەۋە».

5:72 **«سەندىن ئەيمىنىدۇ»** ــ دېمەك، خۇدادىن ئەيمىنىدۇ. **«شۇنداق بولغاندا كۈن ۋە ئاي يوق بولۇپ كەتمىسىلا، *ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا خەلق سەندىن ئەيمىنىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى (LXX): «كۈن ۋە ئاي يوق بولۇپ كەتمىسىلا ئۇ (پادىشاھ) تۇرىدۇ، كۈنلىرى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۇزارتىلىدۇ».

**5:72** زەب. 36،37:89

يەر سۇغىرىدىغان ھۆل-يېغىنلاردەك چۈشىدۇ.
7 ئۇنىڭ كۈنلىرىدە ھەققانىيلار روناق تاپىدۇ؛
ئاي يوق بولغۇچە تىنچ-ئامانلىق تېشىپ تۇرىدۇ.
8 ئۇ دېڭىزدىن-دېڭىزلارغىچە،
ئەفرات دەرياسىدىن يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ.
9 چۆل-باياۋاندا ياشاۋاتقانلار ئۇنىڭ ئالدىدا باش قويىدۇ؛
ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى توپىلارنى يالايدۇ.
10 تارشىشنىڭ ۋە ئاراللارنىڭ پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلىدۇ،
شېبا ۋە سېبانىڭ پادىشاھلىرىمۇ سوۋغاتلار سۇنىدۇ.
11 دەرۋەقە، بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىدۇ؛
پۈتكۈل ئەللەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ؛
12 چۈنكى ئۇ پەرياد كۆتۈرگەن يوقسۇللارنى،
پاناھسىز ئېزىلگەنلەرنى قۇتۇلدۇرىدۇ؛
13 ئۇ يوقسۇل-ئاجىزلارغا ئىچىنى ئاغرىتىدۇ،
يوقسۇللارنىڭ جېنىنى قۇتقۇزىدۇ؛
14 ئۇلارنىڭ جېنىنى زۇلۇم-زومىگەرلىكتىن ھۆرلۈككە چىقىرىدۇ،
ئۇلارنىڭ قېنى ئۇنىڭ نەزىرىدە قىممەتلىكتۇر.
15 پادىشاھ ياشىسۇن!
شېبانىڭ ئالتۇنلىرىدىن ئۇنىڭغا سۇنۇلىدۇ؛
ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا توختاۋسىز قىلىنىدۇ؛

---

**6:72** 2سام. 4:23

**8:72** **«ئەفرات دەرياسى»** — ئىبرانىي تىلىدا پەقەت «دەريا» دېيىلىدۇ. شۈبھىسى يوقكى، بۇ ئىبارە ئەفرات دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

**10:72** **«تارشىش.. ئاراللار... شېبا...سېبا...»** — «تارشىش»نىڭ دەل قايسى جاي ئىكەنلىكى ھازىر ئېنىق ئەمەس، ئىسپانىيە، شىمالىي ئافرىقا ياكى ئەنگلىيەنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن شۈبھە يوقكى، مۇشۇ ئايەتتىكى «تارشىش» ھەم «ئاراللار» دېڭىزدىكى ئەڭ چەت يەرلەرنى بىلدۈرىدۇ. **«شېبا ھەم سېبا»** — ھازىرقى ئەرەبىستاندا.

**12:72** ئايۇپ 12:29

ئۇنىڭغا كۈن بويى بەخت تىلىنىدۇ؛
16 يەر يۈزىدىكى ھوسۇل مول بولىدۇ،
ھەتتا تاغ چوققىلىرىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.
مىغ-مىغ چۈشكەن مېۋىلەر لىۋاندىكى ئورمانلاردەك تەۋرىنىدۇ؛
شەھەردىكىلەر بولسا دالادىكى ئوت-چۆپلەردەك گۈللىنىدۇ؛
17 ئۇنىڭ نامى مەڭگۈگە ئۆچمەيدۇ،
ئۇنىڭ نامى قۇياش يوقالغۇچە تۇرىدۇ؛
ئادەملەر ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە بەخت تىلەيدۇ،
بارلىق ئەللەر ئۇنى بەختلىك دەپ ئاتىشىدۇ.
18 ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، پەرۋەردىگار خۇداغا تەشەككۈر-مەدھىيە بولغاي!
كارامەت ئىشلارنى يارىتقۇچى يالغۇز ئۇدۇر!
19 ئۇنىڭ شەرەپلىك نامىغا مەڭگۈگە تەشەككۈر-مەدھىيە ئوقۇلسۇن!
ئۇنىڭ شان-شەرىپى پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىغاي! ئامىن! ۋە ئامىن!

20 يەسسەنىڭ ئوغلى داۋۇتنىڭ دۇئالىرى شۇنىڭ بىلەن تامام بولدى.

---

**19:72** چۆل. 21:14؛ يەش. 3:6، 9:11؛ ھاب. 14:2

**20:72** **«داۋۇتنىڭ دۇئالىرى شۇنىڭ بىلەن تامام بولدى»** — بۇ كۈي داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دۇئاسى بولدى. بىراق «زەبۇر»نىڭ كېيىنكى بۆلۈملىرىدە بىز ئۇنىڭ باشقا دۇئا-كۈيلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## 73-كۈي
## خاتالاشقىنىنى تونۇپ يېتىش

73 [1] ئاساف يازغان كۈي: ــ

دەرۋەقە خۇدا ئىسرائىلغا،
قەلبى ساپ بولغانلارغا مېھرىباندۇر؛
[2] لېكىن ئۆزۈم بولسام، پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە تاسلا قالدىم؛
ئاياغلىرىم تېيىلىپ كەتكىلى قىل قالدى؛
[3] چۈنكى رەزىللەرنىڭ روناق تاپقانلىقىنى كۆرۈپ،
ھاكاۋۇرلارغا ھەسەت قىلدىم؛
[4] چۈنكى ئۇلار ئۆلۈمدە ئازابلار تارتمايدۇ،
ئەكسىچە تېنى مەزمۇت ۋە ساغلام تۇرىدۇ.
[5] ئۇلار ئىنسانغا خاس جاپانى كۆرمەيدۇ،
ياكى خەقلەردەك بالايىئاپەتكە ئۇچرىمايدۇ.
[6] شۇڭا مەغرۇرلۇق مارجاندەك ئۇلارغا ئېسىلىدۇ،
زورلۇق-زومىگەرلىك توندەك ئۇلارغا چاپلىشىدۇ.
[7] ئۇلار سەمرىپ كەتكەنلىكىدىن كۆزلىرى تومپىيىپ چىقتى؛
ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى خىيالەتلەر ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.
[8] باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ زەھەرلىك سۆزلەيدۇ؛
ھالىنى ئۈستۈن قىلىپ دېۋىنىپ، دوق قىلىدۇ.
[9] ئۇلار ئاغزىنى پەلەككە قويىدۇ،
ئۇلارنىڭ تىللىرى يەر يۈزىنى كېزىپ يۈرىدۇ.

---

**3:73** ئايۇپ 21:7-15؛ زەب. 37:1؛ يەر. 12:1، 2

**4:73** «چۈنكى ئۇلار ئۆلۈمدە ئازابلار تارتمايدۇ، ئەكسىچە تېنى مەزمۇت ۋە ساغلام تۇرىدۇ» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى ئۇلاردا تارتقان ئازابلار يوق، ئۇلار تېنى مەزمۇت ۋە ساغلامدۇر».

10 شۇڭا خۇدانىڭ خەلقى مۇشۇلارغا مايىل بولۇپ،
ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى سۇ ئىچكەندەك ئاخىرىغىچە ئىچىپ: ــ
11 «تەڭرى قانداق بىلەلەيتتى؟»،
«ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىدا بىلىم بارمۇ؟» ــ دەيدۇ.
12 مانا بۇلار رەزىللەردۇر؛
ئۇلار بۇ دۇنيادا راھەت-پاراغەتنى كۆرىدۇ،
بايلىقلارنى توپلايدۇ.
13 «ئاھ، ھەقىقەتەن بىكاردىن-بىكار كۆڭلۈمنى پاكلاندۇرۇپتىمەن،
گۇناھسىز تۇرۇپ قولۇمنى ئارتۇقچە يۇيۇپ كەپتىمەن؛
14 بىكارغا كۈن بويى جاپا چېكىپتىمەن؛
شۇندىمۇ ھەر سەھەردە ۋىجدانىمنىڭ ئەيىبىگە ئۇچراپ كەلدىم!».
15 بىراق مەن: ــ «بۇنداق دېسەم،
بۇ دەۋردىكى پەرزەنتلىرىڭگە ئاسىيلىق قىلغان بولمامدىمەن؟» ــ
دېدىم.
16 ئۇلارنى كاللامدىن ئۆتكۈزەي دېسەم،
كۆزۈمگە شۇنداق ئېغىر كۆرۈندى.
17 تەڭرىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىغا كىرگۈچە شۇنداق ئويلىدىم؛
كىرگەندىلا يامانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندىم.
18 دەرۋەقە سەن ئۇلارنى تېيىلغاق يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرىسەن،
ئۇلارنى يىقىتىپ پارە-پارە قىلىۋېتىسەن.
19 ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا شۇنچە پاراكەندە بولىدۇ،
دەھشەتلەر ئۇلارنى بېسىپ يوقىتىدۇ!
20 سەن ئى رەب، چۈشتىن ئويغانغاندەك ئويغىنىپ،
ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سىياقىنى كۆزگە ئىلمايسەن.

---

15:73 **«بۇنداق دېسەم، بۇ دەۋردىكى پەرزەنتلىرىڭگە ئاسىيلىق قىلغان بولمامدىمەن؟»** ــ ئاساف خۇدادىن ئاغرىنىپ، گۇمانلىرىنى شۇنداق ئوپئوچۇق ئېيتىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇنداق دېيىشى ئېتىقادى ئاجىزلارغا نىسبەتەن «ئاسىيلىق» ھەم ئۇلارنى ئېتىقادىدا پۇتلاشتۇرىدىغان ئىش، دەپ قارايدۇ.

[21] يۈرەكلىرىم قايناپ،
ئىچلىرىم سانجىلغاندەك بولغان چاغدا،
[22] ئۆزۈمنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان بىر ھاماقەت،
ئالدىڭدا بىر ھايۋان ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يەتتىم.
[23] ھالبۇكى، مەن ھەممىشە سەن بىلەن بىللە؛
سەن مېنى ئوڭ قولۇمدىن تۇتۇپ يۆلىدىڭ؛
[24] ئۆز نەسىھەتىڭ بىلەن مېنى يېتەكلەيسەن،
شان-شەرىپىڭنى نامايان قىلغاندىن كېيىن،
ئاخىرىدا سەن مېنى ئۆزۈڭگە قوبۇل قىلىسەن.
[25] ئەرشتە سەندىن باشقا مېنىڭ كىمىم بار؟
يەر يۈزىدە بولسا سەندىن باشقا ھېچكىمگە ئىنتىزار ئەمەسمەن.
[26] ئەتلىرىم ھەم قەلبىم زەئىپلىشىدۇ،
لېكىن خۇدا قەلبىمدىكى قورام تاش ھەم مەڭگۈلۈك نېسىۋەمدۇر!
[27] چۈنكى مانا، سەندىن يىراق تۇرغانلار ھالاك بولىدۇ؛
ۋاپاسىزلىق قىلغان پاھىشە ئايالدەك سەندىن ۋاز كەچكەنلەرنىڭ ھەربىرىنى يوقىتىسەن.
[28] بىراق مەن ئۈچۈن، خۇداغا يېقىنلىشىش ئەۋزەلدۇر!
ئۇنىڭ بارلىق قىلغان ئىشلىرىنى جاكارلاش ئۈچۈن،
رەب پەرۋەردىگارنى تايانچىم قىلدىم.

26:73 **«لېكىن خۇدا قەلبىمدىكى قورام تاش ھەم مەڭگۈلۈك نېسىۋەمدۇر!»** — ياكى «لېكىن قەلبىمدىكى قورام تاش ھەم نېسىۋەم بولسا مەڭگۈلۈك خۇدادۇر!».

28:73 **«ئۇنىڭ بارلىق قىلغان ئىشلىرىنى جاكارلاش ئۈچۈن،...»** — ئىبرانىي تىلدا: «سېنىڭ ئۇنىڭ بارلىق قىلغان ئىشلىرىنى جاكارلاش ئۈچۈن،...».

## 74-كۈي

## تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇچرىغان چاغدىكى ئازابلىق دۇئا

74 1 ئاساف يازغان «ماسقىل»: ــ
ئى خۇدا، سەن نېمىشقا مەڭگۈگە بىزنى تاشلىۋەتتىڭ؟
نېمىشقا غەزىپىڭنى تۈتۈن چىقارغاندەك ئۆز يايلىقىڭدىكى قويلىرىڭغا چىقىرىسەن؟
2 ئۆزۈڭ رەنە تۆلەپ ئازاد قىلغان جامائىتىڭنى،
يەنى ئۆز مىراسىڭ بولۇشقا قەدىمدە ئۇلارغا ھەمجەمەت بولۇپ قۇتقۇزغان قەبىلىنى،
ئۆزۈڭ ماكان قىلغان زىئون تېغىنى يادىڭغا كەلتۈرگەيسەن!
3 قەدەملىرىڭنى مۇشۇ مەڭگۈلۈك خارابىلىقلارغا قاراتقايسەن،
دۈشمەنلەر مۇقەددەس جايىڭدا گۇمران قىلغان بارلىق نەرسىلەرگە قارىغايسەن؛
4 رەقىبلىرىڭ جامائەتگاھىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆر-پۆر قىلىدۇ؛
مۆجىزاتلار ساقلانغان ئورۇنغا ئۇلار ئۆز تۇغلىرىنى تىكتى.
5 ھەربىرى ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشىپ، پالتا ئوينىتىپ ئورمان كەسكۈچىدەك،
6 ئۇلار ھازىر مۇقەددەس جايىڭدىكى نەقىشلەرنى ئالا قويماي، پالتا-بولقىلار بىلەن چېقىۋەتتى؛

---

1:74 **«ئى خۇدا، سەن نېمىشقا مەڭگۈگە بىزنى تاشلىۋەتتىڭ؟ نېمىشقا غەزىپىڭنى تۈتۈن چىقارغاندەك ئۆز يايلىقىڭدىكى قويلىرىڭغا چىقىرىسەن؟»** ــ بۇ كۈي بەلكىم بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 597-يىلى يېرۇسالېمنى، جۈملىدىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىپ، كۆپ ئىسرائىللارنى ئەسىرگە ئېلىپ بابىلغا سۈرگۈن قىلغاندىن كېيىن يېزىلغان.

4:74 **«مۆجىزاتلار ساقلانغان ئورۇنغا ئۇلار دۈشمەنلەر ئۆز تۇغلىرىنى تىكتى»** ــ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي»دا ئىسرائىل خەلقىنىڭ تارىخىدىكى بىرنەچچە «مۆجىزاتلار» ساقلىنىپ كەلگەنىدى. مەسىلەن، مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدىكى ««ماننا»»غا تولغان ئالتۇن قاچا»، «ھارۇننىڭ بىخلىغان ھاسىسى» قاتارلىقلار. بۇلارنى ۋەيران قىلىپ، دۈشمەنلەر ئاشۇ يەردە ئۆز تۇغلىرىنى تىكتى. ئىبرانىي تىلىدا «تۇغ» ۋە «كارامەت» دېگەن سۆزلەر بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

7 ئۇلار مۇقەددەس جايىڭغا ئوت قويدى؛
ئۆز نامىڭدىكى ماكانىنى بۇلغاپ، يەر بىلەن تەڭ قىلىۋەتتى.
8 ئۇلار كۆڭلىدە: «بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتايلى» دەپ،
تەڭرىنىڭ زېمىندىكى جامائەتگاھلىرىنىڭ ھەربىرىنى
كۆيدۈرۈۋەتتى.
9 بىزگە ئەسلەتمە بولغان مۆجىزاتلارنى ھېچ كۆرەلمەيمىز؛
پەيغەمبەرلەرمۇ كەلمەسكە كەتتى؛
ئارىمىزدىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ قاچانغىچە بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان
بىرسى يوقتۇر.
10 قاچانغىچە، ئى خۇدا، رەقىبىڭ سېنى مەسخىرە قىلىدۇ؟
دۈشمەن نامىڭنى مەڭگۈگە ھاقارەتلەمدۇ؟
11 سەن قولۇڭنى، يەنى ئوڭ قولۇڭنى نېمىشقا تارتىۋالىسەن؟
قولۇڭنى قوينۇڭدىن ئېلىپ، ئۇلارنى يوقاتقايسەن!
12 بىراق خۇدا قەدىمدىن پادىشاھىم بولۇپ كەلگەن،
يەر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇتقۇزۇشلارنى ئېلىپ بارغۇچى ئۇدۇر.
13 سەن دېڭىز سۈيىنى كۈچۈڭ بىلەن بۆلدۈڭ،
سۇلاردىكى ئەجدىھالارنىڭ باشلىرىنى ياردىڭ.
14 دېڭىزدىكى لېۋىئاتاننىڭ باشلىرىنى چېقىپ،

---

**7:74** 2پاد. 9:25

**8:74** **«ئۇلار كۆڭلىدە: «بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتايلى» دەپ، تەڭرىنىڭ زېمىندىكى جامائەتگاھلىرىنىڭ ھەربىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى»** — خۇدانىڭ پەقەت بىرلا (سۇلايمان قۇرغان) ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان جايلار مەۋجۇت ئىدى — مەسىلەن: «شىلوھ» دېگەن جايدا «مۇقەددەس چېدىر» بار ئىدى («يە.» 1:18). خۇدانىڭ نامىنى يوقىتىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

**9:74** **«پەيغەمبەرلەرمۇ كەلمەسكە كەتتى»** — بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار دانىيال ھەم ئەزاكىيال پەيغەمبەرلەرنى سۈرگۈن قىلىپ بابىلغا بالدۇر ئېلىپ كەتكەنىدى. يەرەمىيا پەيغەمبەر بولسا بىر تۈركۈم لۈكچەكلەر تەرىپىدىن مىسىرغا ئېلىپ كېتىلگەنىدى.

**12:74** **«يەر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇتقۇزۇشلارنى ئېلىپ بارغۇچى ئۇدۇر»** — «يەر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسى» بەلكىم «ئوتتۇرا شەرق»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**13:74** مىس. 14:21-31

**ئۇنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلىپ چۆلدىكى ياۋايىلارغا بۆلۈپ بەردىڭ.**
**[15] يەرنى يېرىپ بۇلاقلارنى، ئېرىقلارنى ئاققۇزدۇڭ،**
**سەن توختىماي ئېقىۋاتقان دەريالارنى قۇرۇتۇۋەتتىڭ.**
**[16] كۈن سېنىڭ، تۈنمۇ سېنىڭكىدۇر؛**
**ئاي بىلەن قۇياشنى ئورۇنلاشتۇردۇڭ.**
**[17] يەر يۈزىنىڭ چېگرالىرىنى بەلگىلىدىڭ؛**
**ياز بىلەن قىشنى ــ سەن شەكىللەندۈردۈڭ.**
**[18] شۇنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن، ئى پەرۋەردىگار: ــ**
**بىر دۈشمەن سېنى مەسخىرە قىلدى،**
**هاماقەت بىر خەلق نامىڭنى هاقارەتلىدى.**
**[19] پاختەكىڭنى يىرتقۇچ هايۋانلارغا تۇتۇپ بەرمىگەيسەن؛**
**ئېزىلگەن مۆمىنلىرىڭنىڭ هاياتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمىغايسەن.**
**[20] ئۆز ئەهدەڭگە قارىغايسەن،**
**چۈنكى زېمىندىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇچقاقلار زورلۇق-زومبۇلۇقنىڭ تۇرالغۇلىرى بىلەن تولدى.**
**[21] ئېزىلگۈچىلەرنى نومۇس بىلەن ياندۇرمىغايسەن؛**
**ئېزىلگەنلەر، يوقسۇللار نامىڭنى مەدھىيىلىگەي.**

---

14:74 **«دېڭىزدىكى لېۋىئاتاننىڭ باشلىرىنى چېقىپ،...»** ــ «لېۋىئاتان» دېڭىز چوڭقۇر تەكتىدە ياشايدىغان قورقۇنچلۇق ئەجدىهاغا ئوخشاپ كېتىدىغان هايۋان. تۆۋەندىكى ئىزاهاتنى، «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ. **«...ئۇنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلىپ چۆلدىكى ياۋايىلارغا بۆلۈپ بەردىڭ»** ــ «ئەجدىهالار» (13-ئايەت) هەم «لېۋىئاتان» ــ شۈبهىسىزكى، بۇ يەردە جىن-شەيتانلارنىڭ كۈچ-قۇدرەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. خۇدا ئىسرائىلنى مىسىردىن ئازاد قىلغاندا، ئۇ مۇشۇ قۇدرەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. مۇشۇ ئايەت بويىچە «لېۋىئاتان»نىڭ بېشى كۆپ بولىدۇ. ئىنجىل «ۋەهىي» قىسمىدا ئۇنىڭ بېشى يەتتە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. تەۋرات «ئايۇپ» -41باب، -1ئايەتتىكى، «يەشايا» 1:27-ئايەتتىكى ئىزاهاتلىرىمىزنى هەم ئىنجىلدىكى «ۋەهىي» 12- هەم 13-بابلارنى كۆرۈڭ.
15:74 **«يەرنى يېرىپ بۇلاقلارنى، ئېرىقلارنى ئاققۇزدۇڭ، سەن توختىماي ئېقىۋاتقان دەريالارنى قۇرۇتۇۋەتتىڭ»** ــ مۇشۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، تەۋراتتىكى «مىسىردىن چىقىش» هەم «يەشۇئا» دېگەن قىسىملارنى كۆرۈڭ.

**15:74** مىس. 5:17، 6؛ چۆل. 11:20؛ يە. 13:3؛ زەب. 41:105؛ يەش. 21:48

**16:74** يار. 1:14-19

22 ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ئى خۇدا،
ئۆز دەۋايىڭنى سورىغايسەن؛
هاماقەت كىشىنىڭ ئۆزۈڭنى كۈن بويى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى
ئېسىڭدە تۇتقايسەن.
23 دۈشمەنلىرىڭنىڭ چۇقانلىرىنى ئۇنتۇمىغايسەن؛
ساڭا قارشى قوزغالغانلارنىڭ داۋراڭلىرى توختىماي كۆتۈرۈلمەكتە.

## 75-كۈي
## ئادىل سوراقچى خۇدا

75 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا «هالاك قىلمىغايسەن» دېگەن ئاهاڭدا ئوقۇلسۇن دەپ تاپشۇرۇلغان، ئاسافنىڭ كۈي-ناخشىسى: —

ساڭا تەشەككۈر ئېيتىمىز، ئى خۇدا، تەشەككۈر ئېيتىمىز!
چۈنكى نامىڭ بىزگە يېقىندۇر؛
بۇنى، قىلغان كارامەتلىرىڭ ئىسپاتلاپ جاكارلايدۇ.
2 مەنكى پەرۋەردىگار: — «مەن بېكىتكەن ۋاقىتنى ئىختىيارىمغا ئالغىنىمدا،
ئادالەت بىلەن سوراق قىلىمەن؛
3 يەر هەم يەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلار تەۋرىنىپ تۇرسىمۇ،
ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى تۇرغۇزغۇچى ئۆزۈمدۇرمەن» — دېدى.
سېلاھ.
4 ماختانغانلارغا: — «ماختانماڭلار»،
هەم رەزىللەرگە «مۈڭگۈزۈڭنى كۆتۈرمە» — دېدىم؛

4:75 «مۈڭگۈزۈڭنى يۇقىرى كۆتۈرمە» — تەۋراتتا، «مۈڭگۈز»لەر كۆپ هاللاردا ئادەملەرنىڭ ئابروي-شۆهرىتى ياكى كۈچ-قۇدرىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆسكەن مۈڭگۈز ئەمەس، ئەلۋەتتە!

5 «مۇڭگۈزۈڭنى يۇقىرى كۆتۈرمە؛
بوينۇڭنى قاتتىق قىلىپ غادىيىپ سۆزلىمە!»
6 چۈنكى كۆتۈرۈلۈش شەرقتىن ياكى غەربتىن ئەمەس،
ياكى جەنۇبتىنمۇ كەلمەيدۇ؛
7 چۈنكى خۇدا سوتچىدۇر؛
ئۇ بىرسىنى كۆتۈرىدۇ، بىرسىنى چۈشۈرىدۇ.
8 چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ قولىدا بىر قەدەھ تۇرىدۇ؛
ئۇنىڭدىكى شاراب كۆپۈكلىشىۋاتىدۇ؛
ئۇ ئەبجەش شاراب بىلەن تولدى؛
خۇدا ئۇنىڭدىن تۆكىدۇ؛
دەرۋەقە يەر يۈزىدىكى بارلىق رەزىللەر ئۇنىڭ دۇغىنى قويماي ئىچىۋېتىدۇ؛
9 مەن بولسام، مەڭگۈگە گۇۋاھلىق بېرىمەن: ــ
ياقۇپنىڭ خۇداسىغا كۈيلەرنى ئېيتىمەن.
10 «مەن رەزىللەرنىڭ مۈڭگۈزلىرىنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلايمەن؛
بىراق ھەققانىيلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى كۆتۈرۈلىدۇ!».

## 76ـ كۈي
## پەرۋەردىگار ئەللەردىن ھېساب ئالىدۇ

76 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا، تارلىق سازلاردا چېلىنسۇن دەپ تاپشۇرۇلغان، ئاسافنىڭ كۈي-ناخشىسى: ــ
يەھۇدادا خۇدا تونۇلغاندۇر؛
ئۇنىڭ نامى ئىسرائىلدا ئۇلۇغدۇر.

6:75 «... جەنۇبتىن ئەمەس» ــ ياكى «(جەنۇبتىكى) چۆل-باياۋاندىن ئەمەس».
10:75 «مەن رەزىللەرنىڭ مۈڭگۈزلىرىنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلايمەن؛ بىراق ھەققانىيلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى كۆتۈرۈلىدۇ!» ــ سۆزلىگۈچى (مۇشۇ 10-ئايەتتە) خۇدانىڭ ئۆزى ياكى داۋۇت پادىشاھنىڭ ئەۋلادى بولغان مەسىھ بولسا كېرەك.

**2 ئۇنىڭ پاناھىي جايى سالېمدا،**
**زىئون تېغىدا ئۇنىڭ ماكانى بار.**
**3 ئۇ يەردە ئۇ ئوتلۇق ئوقلارنى،**
**قالقان، قىلىچ ھەم جەڭ قوراللىرىنى چېقىپ تاشلىدى.**
**سېلاھ.**
**4 ئۆزۈڭ ئوۋ-ئولجا تاغلىرىدىن نەقەدەر شەرەپلىك، نەقەدەر ئەلاسەن!**
**5 باتۇرلار بۇلاندى؛**
**ئۇلار ئۇزۇن ئۇيقۇغا كەتتى؛**
**پالۋانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆز قولىنى كۆتۈرەلمىدى.**
**6 سېنىڭ ئەيىبلىشىڭ بىلەن، ئى ياقۇپنىڭ خۇداسى،**
**جەڭ ھارۋىسى ھەم ئاتلار ئۆلۈكتەك ئۇخلىتىلدى.**
**7 سەندىن، سەندىن قورقۇش كېرەكتۇر؛**
**غەزەپلەنگىنىڭدە كىم ئالدىڭدا تۇرالىسۇن؟**
**8-9 يەر يۈزىدىكى بارلىق ياۋاش مۆمىنلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،**
**سەن خۇدا سوراق قىلىشقا ئورنۇڭدىن تۇرغان ۋاقتىڭدا،**
**ئاسماندىن ھۆكۈمنى چىقىرىپ ئاڭلاتقۇزدۇڭ؛**
**يەر بولسا ۋەھىمىگە چۈشۈپ، سۈكۈت قىلدى.**
**سېلاھ.**
**10 چۈنكى ئىنسانلارنىڭ قەھرى ساڭا شۆھرەت كەلتۈرىدۇ؛**
**ئۇلارنىڭ قالغان قەھرى ساڭا بەلۋاغ بولىدۇ.**
**11 پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا قەسەم قىلىپ، ئەمەل قىلىڭلار؛**

---

2:76 **«ئۇنىڭ پاناھىي جايى سالېمدا»** — ئىبرانىي تىلىدا: «ئۇنىڭ ئۇۋىسى سالېمدا». بۇ سۆز بەلكىم خۇدانى شىرغا ئوخشىتىدۇ. تەۋراتتىكى «ھوشىيا» دېگەن قىسمىدا خۇدا «يەھۇدانىڭ شىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. **«سالېم»** — «يېرۇسالېم»نىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلىشى.

4:76 **«ئوۋ-ئولجا تاغلىرى»** — بەلكىم توپ-توپ دۆۋىلەنگەن ئوۋ-ئولجىلارنى كۆرسىتىدۇ.

10:76 **«ئىنسانلارنىڭ قەھرى ساڭا شۆھرەت كەلتۈرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ قالغان قەھرى ساڭا بەلۋاغ بولىدۇ»** — بۇ سىرلىق سۆز بەلكىم (1) خۇدا ئىنساننىڭ بارلىق ئاسىيلىق-قارشىلىشىشلىرىنى ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ شۆھرىتىگە ھەم مۇددىئالىرىغا ئايلاندۇرىدۇ؛ (2) ئىنسانلارنىڭ ئۆز قەھرى ئۆزىگە كەلتۈرگەن كۆلپەتلەر يېنىك بولۇپ قالغان بولسا، «قالغان قەھر»نى خۇدا ئۆزى تولۇقلاپ جازالىرىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۈرتتىكىلەر قورقۇشى كېرەك بولغۇچىغا
ھەدىيەلەر سۇنسۇن؛
[12] ئۇ ئەمىرلەرنىڭمۇ روھىنى سۇندۇرىدۇ؛
ئۇ يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارغا دەھشەتلىكتۇر.

## 77-كۈي
## دەردمەن دەردىنى تۆكۈپ تەسەللى تاپىدۇ

77 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشى يەدۇتۇنغا تاپشۇرۇلغان، ئاساف
يازغان كۈي: —

ئاۋازىم خۇداغا كۆتۈرۈلدى، مەن پەرياد قىلىمەن؛
ئاۋازىم خۇداغا كۆتۈرۈلدى، ئۇ ماڭا قۇلاق سالىدۇ.
[2] بېشىمغا كۈن چۈشكەندە، مەن رەبنى ئىزدىدىم؛
كېچىچە قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، بوش قويمىدىم؛
جېنىم تەسەللىنى خالىماي رەت قىلدى.
[3] مەن خۇدانى ئەسلەپ سىغىندىم، ئاھ-زار قىلدىم؛
سىغىنىپ ئويلىنىپ، روھىم پاراكەندە بولدى.
سېلاھ.
[4] سەن مېنىڭ كۆزۈمنى يۇمدۇرمىدىڭ؛
چوڭقۇر غەشلىك ئىلكىدە بولغانلىقىمدىن سۆزلىيەلمەيتتىم.
[5] مەن: «كونا زاماندىكى كۈنلەرنى،
قەدىمكى يىللارنى خىيال قىلىمەن؛
[6] كېچىلەردە ئېيتقان ناخشامنى ئەسلەيمەن؛

---

1:77 **«نەغمىچىلەرنىڭ بېشى يەدۇتۇنغا تاپشۇرۇلغان، ئاساف يازغان كۈي...»** — «يەدۇتۇن» داۋۇت پەيغەمبەر «مەدھىيە خورى»نىڭ بېشى دەپ بىكىتكەن، يەدۇتۇن ئىسىملىك بىر كىشىنى كۆرسىتىدۇ («1تار.» 41:16نى كۆرۈڭ).
—يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلغان، «يەدۇتۇن» (مەدھىيىلەش دېگەن مەنىدە) ئاھاڭىدا ئوقۇلسۇن دەپ، ئاساف يازغان كۈي...».

كۆڭلۈمدە چوڭقۇر خىيال سۈرىمەن» ــ دېدىم؛
روھىم ئىنتىلىپ ئىزدىمەكتە ئىدى؛
7 ــ «رەب مەڭگۈگە تاشلىۋېتەمدۇ؟
ئۇ قايتىدىن ئىلتىپات كۆرسەتمەمدۇ؟
8 ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى ئەمدى مەڭگۈگە تۈگەپ كەتتىمۇ؟
ئۇنىڭ ۋەدىسى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە ئىناۋەتسىز بولامدۇ؟
9 تەڭرى مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسىتىشنى ئۇنتۇدىمۇ؟
ئۇ غەزەپلىنىپ ئۆز رەھىمدىللىقىنى توختىتىۋەتتىمۇ؟»
سېلاھ.
11-10 ئاندىن مەن مۇنداق دېدىم: ــ «بۇنداق دېسەم بولمايدۇ، بۇ
ئېتىقادىمنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەسمۇ!
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ ئوڭ قولىنىڭ يىللىرىنى،
يەنى ياھنىڭ قىلغانلىرىنى ــ ياد ئېتىمەن؛
قەدىمدىن بۇيانقى كارامەتلىرىڭنى ئەسلەيمەن.
12 سېنىڭ بارلىق ئىشلىگەنلىرىڭ ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلىنىمەن؛
سېنىڭ قىلغانلىرىڭ ئۈستىدە ئىستىقامەت قىلىمەن؛
13 ئى خۇدا، يولۇڭ بولسا پاك-مۇقەددەسلىكتىدۇر؛
خۇدادەك ئۇلۇغ بىر ئىلاھ بارمىدۇر؟
14 مۆجىزىلەر ياراتقۇچى ئىلاھدۇرسەن؛
ئەل-مىللەتلەر ئارا سەن كۈچ-قۇدرىتىڭنى نامايان قىلدىڭ.
15 ئۆز بىلىكىڭ بىلەن ئۆز خەلقىڭنى،
يەنى ياقۇپ ۋە يۈسۈپنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھۆرلۈككە چىقارغانسەن؛
سېلاھ.

---

15:77 **«ئۆز بىلىكىڭ بىلەن... ياقۇپ ۋە يۈسۈپنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھۆرلۈككە چىقارغانسەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدىكى پېئىلنىڭ (گائال) مۇشۇ يەردە: «ياقۇپ ۋە يۈسۈپنىڭ پەرزەنتلىرىگە ھەمجەمەت بولۇپ، ھۆرلۈككە چىقارغانسەن» دېگەن تولۇق مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «گائال» ۋە «گوئېل» توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.
**15:77** مىس. 11:15

16 سۇلار سېنى كۆردى، ئى خۇدا، سۇلار سېنى كۆردى؛
تىترەك ئۇلارنى باستى،
دېڭىز تەگلىرى پاتىپاراق بولدى.
17 قارا بۇلۇتلار سۇلارنى تۆكۈۋەتتى؛
ئاسمانلار زور ساداسىنى ئاڭلاتتى؛
بەرھەق، سېنىڭ ئوقلىرىڭ تەرەپ-تەرەپكە ئېتىلدى.
18 گۈلدۈرمامىڭنىڭ ئاۋازى قارا قۇيۇندا ئىدى،
چاقماقلار جاھاننى يورۇتتى؛
يەر يۈزى ئالاقزادە بولۇپ تەۋرەندى.
19 سېنىڭ يولۇڭ دېڭىز-ئوكيانلاردا،
قەدەملىرىڭ چوڭقۇر سۇلاردىدۇر،
ئاياغ ئىزلىرىڭنى تاپقىلى بولمايدۇ.
20 سەن قوي پادىسىنى باققاندەك،
مۇسا ۋە ھارۇننىڭ قولى بىلەن ئۆز خەلقىڭنى يېتەكلىدىڭ».

## 78-كۈي
## تارىخنىڭ تېپىشماقلىرى
## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

78
1 ئاساف يازغان «ماسقىل»: —
ئى مېنىڭ خەلقىم، تەلىمىمنى ئاڭلاڭلار،

16:77 «سۇلار سېنى كۆردى، ئى خۇدا، سۇلار سېنى كۆردى؛ تىترەك ئۇلارنى باستى، دېڭىز تەگلىرى پاتىپاراق بولدى.» — ئاساف ھازىر «مىسىردىن چىقىش»تىكى ئىشلارنى ئەسلەيدۇ. «سۇلار» بۇ يەردە ئىسرائىللار مۆجىزە بىلەن ئۆتكەن «قىزىل دېڭىز»نى، ئاندىن ئىئوردان دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.
17:77 مىس. 21:14
18:77 مىس. 24:14
20:77 زەب. 53:78؛ 2:80؛ ھاب. 15:3؛ مار. 48:6؛ يۇھ. 19:6

ئاغزىمدىكى سۆزلەرگە قۇلاق سېلىڭلار.
2 مەن ئاغزىمنى بىر تەمسىل بىلەن ئاچىمەن،
قەدىمكى تېپىشماقلارنى ئېلان قىلىمەن.
3 بىز بۇلارنى ئاڭلىغان، بىلگەن،
ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۇلارنى بىزگە ئېيتىپ بەرگەن.
4 بىز بۇلارنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يوشۇرمايمىز،
كېلىدىغان دەۋرگە پەرۋەردىگارنىڭ مەدھىيىلىرىنى،
ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى،
ئۇنىڭ قىلغان كارامەت ئىشلىرىنى بايان قىلىمىز.
5 چۈنكى ئۇ ياقۇپتا بىر ئاگاھ-گۇۋاھنى بېكىتكەن،
ئىسرائىلدا بىر قانۇننى ئورناتقان؛
ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا بۇلارنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشنى بۇيرۇغان؛
6 شۇنداق قىلىپ كېلەر دەۋر،
يەنى تۇغۇلىدىغان بالىلارمۇ بۇلارنى بىلسۇن،
ئۇلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز بالىلىرىغا بۇلارنى ئۆگەتسۇن؛
7 پەرزەنتلىرى ئۈمىدىنى خۇداغا باغلىسۇن،
تەڭرىنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇمىسۇن،
بەلكى ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە كىرسۇن؛
8 ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىغا ئوخشىمىسۇن دەپ،
يەنى جاھىل ھەم ئاسىي بىر دەۋر،

1:78 **«ئى مېنىڭ خەلقىم، تەلىمىمنى ئاڭلاڭلار... قەدىمكى تېپىشماقلارنى ئېلان قىلىمەن 2-ئايەت»** ــ ئوقۇرمەنلەر بۇ كۈي كۆرسەتكەن ۋەقەلەرنى تەۋراتتىكى «مىسىردىن چىقىش»، «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر»، «باتۇر ھاكىملار» ھەم «سامۇئىل (1)»، «سامۇئىل (2)» دېگەن قىسىملاردىن تاپالايدۇ.
2:78 **«... قەدىمكى تېپىشماقلارنى ئېلان قىلىمەن»** ــ «تېپىشماقلار» توغرۇلۇق 1-ئايەتتىكى ئىشاھاتنى كۆرۈڭ.
**2:78** زەب. 4:49؛ مات. 35:13
**5:78** قان. 9:4؛ 7:6

ئۆز قەلبىنى دۇرۇس قىلمىغان،
روھى تەڭرىگە ۋاپالىقتا تۇرمىغان بىر دەۋرگە ئوخشىمىسۇن دەپ، ئۇ شۇنداق بۇيرۇغاندۇر.
[9] مانا ئەفرائىمنىڭ ئەۋلادلىرى،
قوراللانغان ئوقياچىلار بولسىمۇ،
جەڭ كۈنىدە سەپتىن ياندى.
[10] ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدىسىنى تۇتمىدى،
بەلكى ئۇنىڭ تەۋرات-قانۇنىدا مېڭىشنى رەت قىلدى.
[11] ئۇلار ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى،
ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن كارامەتلىرىنى ئۇنتۇدى.
[12] ئۇ مىسىرنىڭ زېمىنىدا، زوئاننىڭ دالاسىدا،
ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەنىدى؛
[13] ئۇ دېڭىزنى بۆلۈۋېتىپ،
ئۇلارنى ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزگەن؛
سۇلارنى دۆۋە-دۆۋە قىلىپ تىكلىدى.
[14] ئۇ كۈندۈزدە بۇلۇت بىلەن،
كېچىدە ئوت نۇرى بىلەن ئۇلارنى يېتەكلىدى.
[15] چۆل-باياۋاندا تاشلارنى يېرىۋەتتى،
چوڭقۇر سۇلاردىن ئۇرغۇپ چىققاندەك ئىچىملىكنى مول قىلدى؛
[16] ئۇ خادا تاشتىن ئۆستەڭ-ئېقىنلارنى ھاسىل قىلدى،
سۇنى دەريالاردەك ئاققۇزدى.
[17] بىراق ئۇلار يەنە ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىۋەردى،
چۆلدە ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىغا ئاسىيلىق قىلدى.
[18] ئۇلار كۆڭلىدە تەڭرىنى سىنىدى،

**8:78** مىس. 9:32؛ 3:33، 5؛ 9:34؛ قان. 6:9، 13؛ 27:31
**13:78** مىس. 21:14
**14:78** مىس. 21:13؛ زەب. 39:105
**15:78** مىس. 6:17؛ چۆل. 11:20؛ زەب. 41:105؛ 1كور. 4:10

نەپسىنى قاندۇرۇشقا يېمەكلىكنى تەلەپ قىلدى.
[19] ئۇلار خۇدانى ھاقارەتلەپ: ــ «تەڭرى چۆل-دەشتتە داستىخان سالالامدۇ؟
[20] مانا ئۇ قورام تاشنى ئۇرۇۋىدى،
سۇلار ئۇرغۇپ،
ئېقىنلار بۇلاقتەك تېشىپ چىقتى؛
ئەمدى ئۇ بىزگە نانمۇ بېرەلەمدۇ؟
ئۆز خەلقىنى گۆش بىلەن تەمىنلىيەلەمدۇ؟» ــ دېيىشتى.
[21] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئاڭلاپ، غەزەپلەندى؛
ياقۇپقا ئوت تۇتاشتى،
ئىسرائىلغا ئاچچىقى كۆتۈرۈلدى؛
[22] چۈنكى ئۇلار خۇداغا ئىشەنمىدى،
ئۇنىڭ نىجاتلىقىغا ئۇلار تايانمىدى،
[23] ئۇ ئەرشتىن بۇلۇتلارنى بۇيرۇپ،
ئاسمان دەرۋازىلىرىنى ئاچقانىدى؛
[24] ئۇ ئۇلار ئۈستىگە «ماننا»نى ياغدۇرۇپ،
ئۇلارغا ئەرشتىكى ئاشلىقنى بەرگەنىدى؛
[25] شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار كۈچ ئىگىلىرىنىڭ نېنىنى يېگەنىدى؛
ئۇ ئۇلارغا قانغۇچە ئوزۇقنى ئەۋەتكەنىدى.

---

**19:78** چۆل. 1:11، 4

**20:78** **«ئۇلار... يەنى خەلق مانا ئۇ قورام تاشنى ئۇرۇۋىدى، سۇلار ئۇرغۇپ، ئېقىنلار بۇلاقتەك تېشىپ چىقتى؛ ئەمدى ئۇ بىزگە نانمۇ بېرەلەمدۇ؟» ــ دېيىشتى»** ــ بۇ ۋەقە تەۋرات، «چۆل.» 11-بابتا بايان قىلىنغان.

**20:78** مىس. 6:17؛ چۆل. 11:20

**21:78** چۆل. 11

**24:78** **«ئۇ ئۇلار ئۈستىگە «ماننا»نى ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا ئەرشتىكى ئاشلىقنى بەرگەنىدى»** ــ «ماننا» ئاسماندىن چۈشىدىغان بىرخىل ئاش ئىدى. «مىس.» 16-بابنى كۆرۈڭ

**24:78** مىس. 14:16

**25:78** **«... ئىنسانلار كۈچ ئىگىلىرىنىڭ نېنىنى يېگەنىدى»** ــ «كۈچ ئىگىلىرى» شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**25:78** يۇھ. 31:6؛ 1كور. 3:10

26 ئەمدى ئۇ ئاسماندا شەرق شامىلى چىقىرىپ،
كۈچى بىلەن جەنۇب شامىلىنىمۇ ئېلىپ كەلدى؛
27 ئۇ گۆشنى چاڭ-توزاندەك ئۇلار ئۈستىگە چۈشۈردى،
دېڭىزلار ساھىلىدىكى قۇملاردەك ئۇچار-قاناتلارنى ياغدۇردى.
28 ئۇ بۇلارنى ئۇلارنىڭ بارگاھىنىڭ ئوتتۇرىسىغا،
چېدىرلىرىنىڭ ئەتراپىغا چۈشۈردى.
29 ئۇلار بولۇشىچە يەپ تويۇشتى،
چۈنكى ئۇلارنىڭ نەپسى تارتقىنىنى خۇدا ئۇلارغا كەلتۈرگەنىدى.
30 لېكىن ئۇلار نەپسى تارتقىنىدىن تېخى زېرىكمەيلا،
گۆشنى ئېغىزلىرىدا تېخى چايناۋاتقىنىدىلا،
31 خۇدانىڭ غەزىپى ئۇلارغا قارىتا قوزغالدى؛
ئۇ ئۇلاردىن ئەڭ قامەتلىكلىرىنى قىرىۋەتتى،
ئىسرائىلنىڭ سەرخىل ياشلىرىنى يەرگە ئۇرۇۋەتتى.
32 مانا، شۇنداق بولسىمۇ،
ئۇلار يەنىلا داۋاملىق گۇناھ قىلىۋەردى،
ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىگە تېخىچىلا ئىشەنمىدى؛
33 شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ كۈنلىرىنى بىھۇدىلىكتە،
يىللىرىنى دەككە-دۈككىلىك ئىچىدە تۈگەتكۈزدى.
34 ئۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرگىلى تۇرغاندا،
ئاندىن ئۇلار ئۇنى ئىزدىدى؛
ئۇلار يولىدىن يېنىپ، ئىنتىلىپ تەڭرىنى ئىزدىدى؛
35 ئۇلار خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ ئۇيۇلتېشى ئىكەنلىكىنى،
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى تەڭرىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈردى.
36 بىراق ئۇلار ئاغزى بىلەن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلدى،
تىلى بىلەن ئۇنىڭغا يالغان سۆز قىلدى؛

---

**26:78** چۆل. 31:11

**31:78** چۆل. 33:11؛ 1كور. 5:10

37 چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا سادىق بولمىدى،
ئۇلار ئۇنىڭ ئەھدىسىنى چىڭ تۇتمىدى.
38 بىراق ئۇ يەنىلا رەھىمدىل ئىدى؛
قەبىھلىكىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارنى يوقاتمىدى؛
ئۇ قايتا-قايتا ئۆز غەزىپىدىن ياندى،
ئۇ قەھرىنى قوزغىغىنى بىلەن ھەممىنى تۆكمىدى.
39 ئۇ ئۇلارنىڭ پەقەت ئەت ئىگىلىرى،
كەتسە قايتىپ كەلمەس بىر نەپەس ئىكەنلىكىنى ياد ئەتتى.
40 ئۇلار چۆل-دەشتتە شۇنچە كۆپ قېتىم ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.
شۇنچە كۆپ قېتىم باياۋاندا كۆڭلىگە ئازار بەردى!
41 بەرھەق، ئۇلار قايتىدىن يولدىن چەتنەپ تەڭرىنى سىنىدى،
ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلدى.
43-42 ئۇلار ئۇنىڭ قولىنى ئەسلىمىدى؛
ئۇلارنى زومىگەرنىڭ چاڭگىلىدىن ھۆرلۈككە قۇتقۇزغان كۈنىنى،
قانداق قىلىپ مىسىردا كارامەتلەرنى يارىتىپ،
زوئان دالاسىدا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكىنىنى ئېسىدىن چىقاردى.
44 ئۇ مىسىرلىقلارنىڭ دەريالىرىنى، ئېقىنلىرىنى قانغا ئايلاندۇرۇپ،
ئۇلارنى ئىچەلمەس قىلىپ قويدى؛
45 ئۇلارنىڭ ئارىسىغا نەشتەرلىك چىۋىنلارنى توپ-توپى بىلەن ئەۋەتتى،
ھالاك قىلار پاقىلارنى ماڭدۇردى؛
46 ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى كېپىنەك قۇرتلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ،
مەھسۇلاتلىرىنى چېكەتكىلەرگە بەردى؛
47 ئۈزۈم تاللىرىنى مۆلدۈر بىلەن ئۇردۇرۇپ،
ئەنجۈرلىرىنى قىراۋ بىلەن ئۈششۈتۈۋەتتى.

---

**44:78** مىس. 20:7
**45:78** مىس. 2،20:8
**46:78** مىس. 13:10
**47:78** مىس. 23:9

48 ئۇ كالىلىرىنى مۆلدۈرگە سوقتۇرۇپ،
ماللىرىنى چاقماق ئوتلىرىدا كۆيدۈرۈۋەتتى.
49 ئۇ ئۇلارغا غەزىپىنىڭ دەھشەتلىكىنى ـ
قەھرىنى، ئاچچىقىنى ھەم ئېغىر كۈلپەتلەرنى،
بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان بىر تۈركۈم پەرىشتىلەرنىمۇ چۈشۈردى.
50 ئۇ ئۆز غەزىپى ئۈچۈن بىر يولنى تۈزلەپ قويدى؛
ئۇلارنىڭ جېنىنى ئۆلۈمدىن ئايىماي،
بەلكى ھاياتىنى ۋاباغا تاپشۇردى؛
51 ئۇ مىسىردا بارلىق تۇنجى تۇغۇلغان بالىلارنى،
ھامنىڭ چېدىرلىرىدا ئۇلارنىڭ غۇرۇرى بولغان تۇنجى ئوغۇل بالىلىرىنى قىرىۋەتتى.
52 ئۇ پادىچىدەك ئۆز خەلقىنى مىسىردىن سەپەرگە ئاتلاندۇرۇپ،
چۆل-باياۋاندىن ئۇلارنى قوي پادىسىدەك باشلاپ ماڭدى؛
53 ئۇلارنى ئامان-ئېسەن يېتەكلىگەچكە،
ئۇلار قورقۇنچتىن خالىي بولۇپ ماڭدى؛
دۈشمەنلىرىنى بولسا، دېڭىز يۇتۇپ كەتتى.
54 ئۇ ئۇلارنى ئۆز مۇقەددەس زېمىنىنىڭ چېگراسىغا،
ئوڭ قولى ئىگىلىۋالغان بۇ تاغلىققا ئېلىپ كەلدى.
55 ئۇ ئەللەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قوغلىۋېتىپ،
زېمىن ئۈستىگە تانا تارتقۇزۇپ ئۆلچەپ، ئۇلارغا تەقسىم قىلدى؛
ئىسرائىل قەبىلىلىرىنى ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىغا ئولتۇراقلاشتۇردى.
56 بىراق ئۇلار خۇدانى، ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنى سىناپ ئاچچىقلاندۇردى،
ئۇنىڭ تاپشۇرغان گۇۋاھ-ئاگاھلىرىنى تۇتمىدى؛

50:78 مىس. 6:9
51:78 مىس. 29:12؛ زەب. 36:105
53:78 مىس. 27،28:14؛ 10:15
55:78 يە. 7:13؛ زەب. 21،22:136

57 بەلكى ئاتا-بوۋىلىرىدەك يولدىن تېيىپ ئاسىيلىق قىلدى،
خائىن ئوقيادەك قىيسەيپ كەتتى.
58 ئۇلار ئېگىزلىكتە قۇرغان ئىبادەتگاھلار بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىنى
قوزغىدى،
ئويما بۇتلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىدى.
59 خۇدا ئۇلارنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى،
ئىسرائىلدىن ئىنتايىن يىرگەندى.
60 ئۇ شىلوھدىكى ماكانىنى،
يەنى ئۇ ئىنسان ئارىسىدا تۇرغان چېدىرنى تاشلاپ كەتتى،
61 ئۆزىنىڭ قۇدرەت بەلگىسىنى بۇلاپ كېتىشكە،
شان-شەرىپىنى ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ قولىغا بەردى؛
62 ئۆز خەلقىنى قىلىچقا تاپشۇردى،
ئۆزىنىڭ مىراسى بولغانلاردىن ئىنتايىن غەزەپلەندى.
63 ئوت ئۇلارنىڭ يىگىتلىرىنى يالمىدى،
قىزلىرى توي ناخشىلىرىدا ماختالمايتتى.
64 ئۇلارنىڭ كاھىنلىرى قىلىچ ئاستىدا يىقىلدى،
لېكىن تۇل خوتۇنلىرى ھازا تۇتمىدى.
65 ئاندىن رەب بىرسى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئويغاندى،
شارابتىن جاسارەتلەنگەن پالۋاندەك تولغاندى.

---

**58:78** قان. 16،21:32

**60:78 «ئۇ رەب شىلوھدىكى ماكانىنى، يەنى ئۇ ئىنسان ئارىسىدا تۇرغان چېدىرنى تاشلاپ كەتتى»** ــ 60-66-ئايەتلەردىكى ۋەقەلەر «1سام.» -1-6بابتا بايان قىلىنغان.

**61:78 «ئۆزىنىڭ قۇدرەت بەلگىسىنى بۇلاپ كېتىشكە، شان-شەرىپىنى ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ قولىغا بەردى»** ــ بۇ ئايەتتە خۇدانىڭ «قۇدرەت بەلگىسى» ۋە «شان-شەرىپى» ئۇنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

**61:78** 1سام. 10،11:4

**64:78 «ئۇلارنىڭ كاھىنلىرى قىلىچ ئاستىدا يىقىلدى»** ــ «كاھىن» ئىبادەتخانىدا قۇربانلىق قىلىش خىزمىتىدە بولغان مەخسۇس خادىم.

**64:78** 1سام. 11،18،19:4

66 ئۇ رەقىبلىرىنى ئۇرۇپ چېكىندۇرۇپ،
ئۇلارنى تۈگىمەس رەسۋاغا قالدۇردى.
67 يۇسۇپنىڭ چېدىرىنى شاللاپ، رەت قىلدى؛
ئەفرائىم قەبىلىسىنى تاللىمىدى؛
68 بەلكى يەھۇدا قەبىلىسىنى،
ياخشى كۆرگەن زىئون تېغىنى تاللىدى.
69 شۇ يەردە مۇقەددەس جايىنى تاغ چوققىلىرىدەك،
يەر-زېمىننى ئەبەدىي ئورناتقاندەك مەزمۇت بىنا قىلدى؛
70 ئۇ ئۆز قۇلى داۋۇتنى تاللاپ،
ئۇنى قوي قوتانلىرىدىن چاقىرىۋالدى؛
71 قوزىلىرىنى ئېمىتىدىغان ساغلىقلارنى ئەگىشىپ بېقىشتىن ئايرىپ،
ئۇنى ئۆز خەلقى ياقۇپنى، مىراسى بولغان ئىسرائىلنى بېقىشقا چىقاردى.
72 داۋۇت ئۇلارنى قەلبىدىكى دۇرۇسلۇقى بىلەن باقتى،
قولىنىڭ ئەپچىللىكى بىلەن ئۇلارنى يېتەكلىدى.

---

66:78 **«ئۇ رەقىبلىرىنى ئۇرۇپ چېكىندۇرۇپ...»** ــ بۇ جۈملە ئىبرانىي تىلىدا ئىككى بىسلىق. ئىككىنچى مەنىسى «ئۇ رەقىبلىرىنىڭ كاسىسىغا ئۇرۇپ...». تەۋرات، «1سام.» 5-بابتا، خۇدا بۇتپەرەس فىلىستىيەلىكلەرگە ۋابا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى بۇۋاسىرلار بىلەن قىيىندى.

**66:78** 1سام. 5:6؛ 4:6

67:78 **«رەب... يۇسۇپنىڭ چېدىرىنى شاللاپ، رەت قىلدى؛ ئەفرائىم قەبىلىسىنى تاللىمىدى...»** ــ 67-72-ئايەتلەردە، خۇدانىڭ داۋۇت پەيغەمبەرنى ئۆز خەلقىنىڭ پادىشاھى بولۇشقا، زىئون (يېرۇسالېم)نى ئۆز مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىنىڭ قۇرۇلۇش جايى بولۇشقا تاللاش جەريانىنى بايان قىلىندۇ. ھەزرىتى داۋۇت بولسا يۇسۇپ ياكى ئەفرائىم قەبىلىلىرىدىن ئەمەس، بەلكى يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئىدى.

**70:78** 1سام. 11:16؛ 2سام. 8:7

**71:78** 2سام. 2:5؛ 1تار. 2:11

## 79-كۈي
## يۇرتنى باستىن بالايىئاپەتتىن كۆتۈرۈلگەن نالە-زار

79 [1] ئاساف يازغان كۈي: —

ئى خۇدا، ئەللەر ئۆز مىراسىڭغا بۆسۈپ كىردى؛
ئۇلار سېنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭنى بۇلغىدى؛
يېرۇسالېمنى دۆۋە-دۆۋە خارابىلەرگە ئايلاندۇردى.
[2] ئۇلار قۇللىرىڭنىڭ جەسەتلىرىنى ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا يەم قىلىپ،
مۆمىن بەندىلىرىڭنىڭ ئەتلىرىنى دالادىكى هايۋاناتلارغا تاشلاپ بەردى.
[3] ئۇلار خەلقىڭنىڭ قانلىرىنى يېرۇسالېم ئەتراپىدا سۇدەك ئاققۇزدى،
جەسەتلىرىنى كۆمگىلى بىرەر ئادەممۇ قالدۇرمىدى.
[4] قوشنىلىرىمىز ئالدىدا رەسۋاغا قالدۇق،
ئەتراپىمىزدىكىلەرگە مەسخىرە ۋە مازاق ئوبيېكتى بولدۇق.
[5] قاچانغىچە، ئى پەرۋەردىگار؟
سەن مەڭگۈگە غەزەپلىنەمسەن؟
سېنىڭ يۇركىڭ ئوت بولۇپ ئۆرتىنىۋېرەمدۇ؟
[6] قەهرىڭنى سېنى تونۇمىغان ئەللەر ئۈستىگە،

---

1:79 «ئى خۇدا، ئەللەر ئۆز مىراسىڭغا بۆسۈپ كىردى؛ ئۇلار سېنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭنى بۇلغىدى؛ يېرۇسالېمنى دۆۋە-دۆۋە خارابىلەرگە ئايلاندۇردى» — بۇ كۈي بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 597-يىلى يېرۇسالېمنى، جۈملىدىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىپ، نۇرغۇن ئىسرائىللارنى ئەسىرگە ئېلىپ بابىلغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن يېزىلغان بولسا كېرەك.

4:79 زەب. 14:44؛ 6:80

5:79 «سېنىڭ يۇركىڭ ئوت بولۇپ ئۆرتىنىۋېرەمدۇ؟» — ئىبرانيي تىلدا «سېنىڭ ھەسىتىڭ ئوت بولۇپ ئۆرتىنىۋېرەمدۇ؟ ».

5:79 زەب. 46:89

نامىڭنى بىلمىگەن پادىشاھلىقلار ئۈستىگە تۆككەيسەن!
7 چۈنكى ئۇلار ياقۇپنى يالماپ،
ئۇنىڭ ماكانىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى.
8 ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبىھلىكلىرىنى بىزگە ھېسابلىمىغايسەن؛
رەھىمدىللىقلىرىڭ بىزنىڭ يېنىمىزغا چاپسان كەلگەي!
چۈنكى بىز ئىنتايىن پەس ئەھۋالغا چۈشۈرۈلدۇق.
9 ئۆز نامىڭنىڭ شۆھرىتى ئۈچۈن بىزگە ياردەم قىلغايسەن، ئى نىجاتلىقىمىزنىڭ خۇداسى،
نامىڭ ئۈچۈن بىزنى قۇتقۇزغايسەن، گۇناھلىرىمىزنى كەفارەت قىلىپ كەچۈرگەيسەن؛
10 ئەللەر نېمىشقا: «ئۇلارنىڭ خۇداسى قەيەردە؟» دەپ مازاق قىلىشىدۇ؟
قۇللىرىڭ تۆككەن قان قەرزىنىڭ ھېسابى ئەللەر ئارىسىدا، كۆز ئالدىمىزدا قىلىنسۇن.
11 ئەسىرلەرنىڭ ئاھ-زارلىرى ئالدىڭغا كەلگەي؛
بىلىكىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلارنى ساقلىغايسەن.
12 ئى رەب، يات قوشنىلىرىمىزنىڭ ساڭا قىلغان زور ھاقارىتىنى يەتتە ھەسسە قوشۇپ ئۆزلىرىگە،
يەنى ئۇلارنىڭ ئىچى-باغرىغا قايتۇرغايسەن؛
13 شۇنداق قىلىپ، سېنىڭ خەلقىڭ ــ ئۆزۈڭ باققان قويلىرىڭ بولغان بىزلەر،
ساڭا مەڭگۈگە تەشەككۇرلەر ئېيتىمىز،
ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە سېنىڭ مەدھىيىلىرىڭنى ئايان قىلىمىز.

---

**6:79** يەر. 25:10

**8:79** يەش. 8:64

# 80-كۈي
## خۇدا يولىدا يۈرتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن دۇئا
### 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

80 [1] «نىلۇپەرلەر» دېگەن ئاھاڭدا؛ بىر گۇۋاھلىق؛ ئاساف يازغان كۈي: —
قۇلاق سالغايسەن، ئى ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى،
يۈسۈپنى قوي پادىسىدەك يېقىپ يېتەكلىگۈچى؛
ئى كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇچى،
نۇرلانغايسەن!
[2] ئەفرائىم، بىنيامىن، ماناسسەھلەرنىڭ ئالدىدا قۇدرىتىڭنى قوزغىغايسەن،
بىزلەرنى قۇتقۇزغىلى كەلگەيسەن!
[3] ئى خۇدا، بىزنى ئۆز يېنىڭغا قايتۇرغايسەن!
جامالىڭنىڭ نۇرىنى چاچقايسەن، شۇندا بىز قۇتقۇزۇلىمىز!
[4] ئى پەرۋەردىگار، ساماۋي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا،
خەلقىڭنىڭ دۇئالىرىغا بولغان غەزىپىڭ قاچانغىچە يالقۇنلاپ تۇرىدۇ؟
[5] سەن كۆز ياشلىرىنى ئۇلارغا ئوزۇق ئورنىدا قىلدىڭ،
كۆز ياشلىرىنى قاچا-قاچىلاپ ئۇلارغا ئىچكۈزدۈڭ.
[6] بىزنى قوشنىلىرىمىزغا تالاشقا قويدۇڭ؛

---

1:80 **«قۇلاق سالغايسەن، ئى ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى، يۈسۈپنى قوي پادىسىدەك يېقىپ يېتەكلىگۈچى؛ ئى كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇچى، نۇرلانغايسەن!»** — بۇ كۈي بەلكىم ئىسرائىلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە (جەنۇبىي پادىشاھلىقىدا، يەنى «يەھۇدا»دا) مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 734-722 يىللاردا يېزىلغان؛ شۇ ۋاقىتلاردا ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى ئىسرائىل شىمالىي پادىشاھلىقىغا بېسىپ كىرىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ ئادەملىرىنى ئەسىرگە ئالدى. جەنۇبىي پادىشاھلىقتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەپسۇسلىنىپ، شىمالدىكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. **«كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇچى»** — خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدىكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي»دا ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىككى يېنىدا ئالتۇندىن ياسالغان بىردىن «كېرۇب»، يەنى كۈچلۈك پەرىشتىنىڭ سىيماسى تۇرىدۇ. خۇدا ئەسلىدە ئۆز ھوزۇرىنىڭ بۇ ئىككى كېرۇب ئوتتۇرىسىدا بولۇشىغا ۋەدە قىلغان.
**3:80** زەب. 6:4؛ 16:31؛ 67:1-2؛ دان. 17:9

دۈشمەنلىرىمىز بىزنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.
7 ئى ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا،
بىزنى ئۆز يېنىڭغا قايتۇرغايسەن!
جامالىڭنىڭ نۇرىنى چاچقايسەن، شۇندا بىز قۇتقۇزۇلىمىز!
8 سەن مىسىردىن بىر تۈپ ئۈزۈم كۆچىتىنى ئېلىپ كەلدىڭ؛
يات ئەللەرنى ھەيدىۋېتىپ، ئورنىغا ئۇنى تىكتىڭ.
9 ئۇنىڭ ئالدىدا يەرنى كەڭ ئاچتىڭ؛
ئۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، پۈتۈن زېمىنغا يېيىلدى.
10 ئۇنىڭ سايىسى تاغلارنى قاپلىدى؛
غوللىرى قۇدرەتلىك كېدىر دەرەخلىرىدەك ئۆستى؛
11 ئۇ شاخلىرىنى دېڭىزغىچە،
پىلەكلىرىنى ئەفرات دەرياسى بويلىرىغىچە ئۇزارتتى.

12 سەن نېمىشقا ئۇنىڭ قاشالىرىنى بۇزۇپ،
مېۋىسىنى ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۈزۈپ ئېلىشىغا يول قويدۇڭ؟
13 مانا ئورمانلىقتىكى ياۋا توڭگۇزلار ئۇنى يېرىۋاتىدۇ،
دالادىكى ھايۋاناتلار ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىدۇ.
14 ئى ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا، سەندىن ئۆتۈنىمىزكى،
يېنىمىزغا قايتقايسەن!
ئەرشتىن ھالىمىزغا نەزەر سالغايسەن،
كېلىپ بۇ ئۈزۈم تېلىدىن خەۋەر ئالغايسەن!

---

6:80 **«بىزنى قوشنىلىرىمىزغا تالاشقا قويدۇڭ»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: — «سەن بىزنى قوشنىمىزغا مازاق ئوبيېكتى قىلدىڭ» دېگەن سۆزلەر تېپىلدۇ.
**6:80** زەب. 44:13-14؛ 79:4
**8:80** يەش. 5؛ يەر. 2:21؛ ئەز. 15؛ 17:3-10؛ يۇھ. 15:1
10:80 **«قۇدرەتلىك كېدىر دەرەخلىرىدەك..»** — ياكى «تەڭرىنىڭ كېدىر دەرەخلىرىدەك...».
14:80 **«... كېلىپ بۇ ئۈزۈم تېلىدىن خەۋەر ئالغايسەن»** — ئىبرانىي تىلدا: «بۇ ئۈزۈم تېلىنى يوقلىغايسەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

15 يەنى ئوڭ قولۇڭ تىككەن بۇ يىلتىزدىن،
ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت يېتىشتۈرگەن بۇ ئوغلۇڭدىن خەۋەر ئالغايسەن!
16 مانا ئۇ ئوتتا كۆيدۈرۈلدى،
كېسىۋېتىلدى؛
يۈزۈڭدىكى تەنبىھىي قارىشىڭنى كۆرۈپ ئۇلار ھالاك بولماقتا؛
17 قولۇڭنى ئوڭ قولۇڭدىكى ئادەمگە،
يەنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت يېتىشتۈرگەن ئىنسان ئوغلىغا قوندۇرغايسەن؛
18 شۇنداق قىلغاندا بىز سەندىن ھەرگىز چېكىنمەيمىز؛
بىزنى يېڭىلىغايسەن، شۇندا بىز نامىڭنى چاقىرىپ ساڭا ئىلتىجا قىلىمىز.
19 ئى پەرۋەردىگار، ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا،
بىزنى ئۆز يېنىڭغا قايتۇرغايسەن!
جامالىڭنىڭ نۇرىنى چاچقايسەن، شۇندا بىز قۇتقۇزۇلىمىز!

## 81-كۈي
## ھېيت-بايرامدا خۇدانىڭ گۇۋاھ-خەتابىنى ئىسرائىلغا ئەسلىتىش

81 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ «گىتتىف»تا چېلىنسۇن دەپ، ئاساف يازغان كۈي: ـ
كۈچ-قۇۋۋىتىمىز بولغان خۇداغا كۈي ئېيتىپ ياڭرىتىڭلار،
ياقۇپنىڭ خۇداسىغا شادلىنىپ تەنتەنە قىلىڭلار!

---

17:80 **«ئوڭ قولۇڭدىكى ئادەم... يەنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت يېتىشتۈرگەن ئىنسان ئوغلى..»** ــ «ئوڭ قولۇڭدىكى ئادەم»، «ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت يېتىشتۈرگەن ئىنسان ئوغلى» شۈبھىسىزكى مەسىھ توغرۇلۇق ئالدىنئالا ئېيتىلغان بېشارەتلىك سۆز.

**17:80** زەب. 1:110؛ دان. 13:7، 14؛ مات. 27:16؛ ئىبر. 1:3؛ 1:8؛ 12:10؛ 1:12؛ 1پېت. 22:3

1:81 **«نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ «گىتتىف»تا چېلىنسۇن دەپ، ئاساف يازغان كۈي»** ــ ««گىتتىف»»نىڭ مۇمكىنچىلىكى بار بىر مەنىسى: «گات شەھىرىنىڭ سازى»

2 ناخشىنى ياڭرىتىپ، داپنى ئېلىپ،
يېقىملىق چىلتار ھەم راۋابنى چېلىڭلار!
3 يېڭى ئايدا، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا،
بايرام-ھېيت كۈنىمىزدە ناغرا-سۇناي چېلىڭلار!
4 چۈنكى بۇ ئىسرائىل ئۈچۈن بېكىتىلگەن بەلگىلىمە،
ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ بىر پەرمانىدۇر.
5 ئۇ مىسىر زېمىنىدا يۈرۈش قىلغانلىرىدا،
(شۇ يەردە بىز چۈشەنمەيدىغان بىر تىلنى ئاڭلاپ يۈرەتتۇق)
ئۇ بۇنى يۈسۈپكە گۇۋاھ قىلىپ بەردى؛
6 — «ئۇنىڭ مۈرىسىنى يۈكتىن ساقىت قىلدىم،
ئۇنىڭ قولى سېۋەت كۆتۈرۈشتىن ئازاد بولدى؛
7 قىستاقچىلىقتا نىدا قىلدىڭ،
مەن سېنى ئازاد قىلدىم؛
گۈلدۈرماما چىققان مەخپىي جايدىن ساڭا جاۋاب بەردىم؛
«مەرىباھ» سۇلىرى بويىدا سېنى سىنىدىم».
سېلاھ.
8 — «تىڭشا، خەلقىم، مەن سېنى گۇۋاھلار بىلەن ئاگاھلاندۇرمەن؛
ئى ئىسرائىل، ماڭا قۇلاق سالساڭ ئىدى!
9 ئاراڭدا يات ئىلاھ بولمىسۇن،
يات ئەلدىكى ئىلاھقا باش ئەگمىگىن!
10 سېنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگار خۇدايىڭدۇرمەن؛

---

5:81 **«شۇ يەردە بىز چۈشەنمەيدىغان بىر تىلنى ئاڭلاپ يۈرەتتۇق»** — ئىبرانىي تىلىدا «شۇ يەردە **مەن** چۈشەنمەيدىغان بىر تىلنى يۈرەتتىم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بەلكىم خۇدا ئۆز خەلقىگە ۋاكالىتەن سۆزلىشىنى، ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. **«ئۇ بۇنى يۈسۈپكە گۇۋاھ قىلىپ بەردى»** — «بۇنى» بەلكىم 3-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ھېيتلارنى، شۇنداقلا شۇ ھېيتلارنى سازلار بىلەن جاكارلاشنى كۆرسەتسە كېرەك.
7:81 **«... «مەرىباھ» سۇلىرى بويىدا سېنى سىنىدىم»** — «مەرىباھ» («ئېلىشىش»، «جېدەل») دېگەن مەنىدە. «مەرىباھ» ئىككى جاينىڭ ئىسمى؛ شۇ يەرلەردە بولغان ۋەقەلەرنىڭ بىرىنچىسى تەۋرات «مىس.» 17-بابتا، ئىككىنچىسى «چۆل.» 20-بابتا خاتىرىلەنگەن.

ئاغزىڭنى يوغان ئاچ، مەن ئۇنى تولدۇرىمەن.
11 ــ بىراق خەلقىم سادايىمغا قۇلاق سالمىدى،
ئىسرائىلنىڭ ماڭا باغلانغۇسى يوق ئىدى؛
12 شۇڭا مەن ئۇلارنى ئۆز تەرسالىقىغا قويۇۋەتتىم؛
ئۇلار ئۆز مەسلىھەتلىرى بىلەن مېڭىۋېرەتتى.
13 ــ ئاھ، مېنىڭ خەلقىم ماڭا قۇلاق سالسا ئىدى!
ئىسرائىل مېنىڭ يوللىرىمدا يۈرسە ئىدى!
14 ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى تېزلا ئېگىلدۈرەر ئىدىم،
قولۇمنى رەقىبلىرىگە بۇراپ، ئۇلارنى باسار ئىدىم.
15 پەرۋەردىگارغا نەپرەتلەنگۈچىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا زەئىپلىشىپ بويسۇنار ئىدى؛
ئۇلارنىڭ شۇ ئاخىرىتى مەڭگۈگە بولاتتى؛
16 ساڭا ئاش-بۇغداينىڭ ئەڭ ئېسىلىنى يېگۈزەر ئىدىم،
بەرھەق، قورام تاشتىن ھەسەل ئاققۇزۇپ سېنى قاندۇرار ئىدىم».

## 82-كۈي
## خۇدانىڭ ئالىي سوتى

يۇھ. 10:42-22

82 1 ئاساف يازغان كۈي: ــ
خۇدا ئۆز ئىلاھىي مەجلىسىدە تۇرۇپ رىياسەتچىلىك قىلىدۇ،
ئۇ ئىلاھلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛

---

16:81 **«ساڭا ئاش-بۇغداينىڭ ئەڭ ئېسىلىنى يېگۈزەر ئىدىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ساڭا ئاش-بۇغداينىڭ ئەڭ ئېسىلىنى يېگۈزەر ئىدى».

1:82 **«خۇدا ئۆز ئىلاھىي مەجلىسىدە تۇرۇپ رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، ئۇ ئىلاھلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ»** ــ بىزنىڭچە، بۇ مەجلىسكە قاتناشقان «ئىلاھلار»نىڭ خۇدانىڭ خەلقىگە سوتچى بولغان ياكى ئۆز خەلقى ئارىسىدا ھوقۇق-مەسئۇلىيىتى بار ئادەملەر ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن كۆرۈلىدۇ. مەلۇم جەھەتلەردىن، ئۇلار خۇدادەك ئادەملەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئوبدان چۈشىنىشى كېرەك. **«ئۇ

2 — قاچانغىچە سىلەر ناھەق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر،
قاچانغىچە رەزىللەرگە يۈز-خاتىرە قىلىسىلەر؟
سېلاھ.
3 گادايلار ۋە يېتىم-يېسىرلارنىڭ دەۋاسىنى سوراڭلار،
ئېزىلگەنلەر ھەم ھاجەتمەنلەرگە ئادالەتنى كۆرسىتىڭلار؛
4 مىسكىنلەر ھەم نامراتلارنى قۇتقۇزۇڭلار،
ئۇلارنى رەزىللەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىڭلار!
5 ئۇلار بۇلارنى بىلمەي ۋە چۈشەنمەي زۇلمەتتە كېزىپ يۈرمەكتە،
شۇڭا يەرنىڭ ئۇللىرى تەۋرەنمەكتە.
6 مەن ئېيتتىم: — «سىلەر ئىلاھلارسىلەر،
ھەممىڭلار ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ ئوغۇللىرى سىلەر؛
7 شۇنداق بولسىمۇ سىلەر ئىنسانغا ئوخشاش ئۆلىسىلەر،
ھەرقانداق ئەمىر-بەگكە ئوخشاشلا يىقىلىسىلەر».
8 — تۇرغىن، ئى خۇدا، يەر-يۈزىنى سوراق قىلغايسەن!
چۈنكى سەن بارلىق ئەللەرگە ۋارىس بولغۇچىسەن!

---

**ئىلاھلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ»** — باشقا شەرھچىلەر بولسا «ئىلاھلار» دېگەننى يەر يۈزىدىكى پادىشاھ-ھوقۇقدارلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇشۇ شەرھچىلەر 6-ئايەتتىكى «سىلەر ئىلاھلار» دېگەننى كىنايىلىك سۆز دەپ قارايدۇ؛ چۈنكى شۇ دەۋردىكى پادىشاھلاردىن كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنى «خۇدا» دەپ قارايتتى، خەلقىدىن ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن رەببىمىزنىڭ «يۇھ.» 10:33-36دە ئېيتقان شەرھى بويىچە، بۇ سۆزلەر كىنايىلىك سۆز ئەمەس؛ شۇڭا يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشىمىز توغرا، دەپ قارايمىز.
3:82 **«...يېتىم-يېسىرلارنىڭ دەۋاسى»** — ئىبرانيي تىلىدا «... ئاتىسىزلارنىڭ دەۋاسى».
**4:82** پەند. 11:24
7:82 **«شۇنداق بولسىمۇ سىلەر ئىنسانغا ئوخشاش ئۆلىسىلەر، ھەرقانداق ئەمىر-بەگكە ئوخشاشلا يىقىلىسىلەر»** — 1-ئايەت ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. بىرىنچى جۈملىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇنداق بولسىمۇ سىلەر ئادەمگە (دېمەك، ئادەماتىمىزغا) ئوخشاش ئۆلىسىلەر».
8:82 **«سەن بارلىق ئەللەرگە ۋارىس قىلىسەن»** — بۇ سۆز بەلكىم مەسىھكە ئېيتىلىشى مۇمكىن.
**8:82** زەب. 8:2؛ ئىبر. 2:1

## 83-كۈي
## دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستلىرى ھەققىدە دۇئا

83 1 ئاسافنىڭ كۈي-ناخشىسى: ــ

ئى خۇدا، ئۈن چىقارماي تۇرۇۋالما،
جىم تۇرۇۋالما، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالما، ئى تەڭرىم!
2 چۈنكى مانا، سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ داۋراڭ قىلماقتا،
ساڭا ئۆچمەنلەر باش كۆتۈرمەكتە.
3 ئۇلار قۇۋلۇق بىلەن سېنىڭ خەلقىڭگە سۈيىقەست قىلىدۇ،
سېنىڭ ھىمايە قىلىپ قەدىرلىگەنلىرىڭ بىلەن قارشىلىشىشنى
مەسلىھەتلىشىدۇ.
4 ئۇلار: ــ «يۈرۈڭلار، ئۇلارنى مىللەت قاتارىدىن يوق قىلايلى!
ئىسرائىلنىڭ نامى ئىككىنچى تىلغا ئېلىنمىسۇن!» ــ دېمەكتە.
5 ئۇلار ھەمنەپەس، ھەمدىل مەسلىھەتلەشتى؛
ئۇلار ساڭا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى.
6 مانا، ئېدوم ۋە ئىسمائىللارنىڭ چېدىرلىرى،
موئاب ھەم ھاگرىيلار؛
7 گەبال، ئاممون، ۋە ئامالەك؛
فىلىستىيە ھەمدە تۇر ئاھالىلىرى،
8 ئاسۇرىيەمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى؛
ئۇلار لۇت ئوغۇللىرىغا يار-يۆلەك بولۇپ كەلگەن.
سېلاھ.
9 سەن كىشون دەرياسىدا مىدىيانىيلارغا،
سىسېراغا ۋە يابىنغا قانداق تاقابىل تۇرغان بولساڭ،
ئۇلارغىمۇ شۇنداق قىلغايسەن؛
10 بۇلار ئەن-دور يېزىسىدا قىرىلغانىدى،

8:83 «ئۇلار لۇت ئوغۇللىرىغا يار-يۆلەك بولۇپ كەلگەن» ــ «لۇتنىڭ ئوغۇللىرى» موئاب ۋە ئاممون دېگەن خەلقلەر بولۇپ شەكىللەنگەن.

يەر ئۈچۈن تىزەك-ئوغۇتقا ئايلانغاندى.
[11] ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرىنى ئورەب ۋە زىئەبكە،
ئۇلارنىڭ داھىيلىرىنى زەباھ ھەم زالمۇنناغا ئوخشاش قىلغايسەن؛
[12] چۈنكى ئۇلار: «خۇدانىڭ چىمەن-يايلاقلىرىنى ئۆزىمىزگە مۈلۈك قىلىۋالايلى!» ــ دەپ ئېيتقان.
[13] ئى خۇدايىم، ئۇلارنى دومىلىنىدىغان قامغاقتەك،
شامالدا ئۇچۇرۇلغان سامان كەبى سورۇۋەتكەيسەن.
[14] ئوت ئورمانلىقنى تۇتاشقانغا ئوخشاش،
يالقۇن تاغلارنى كۆيدۈرگەنگە ئوخشاش،
[15] سەن يەنە ئۇلارنى بورىنىڭ بىلەن قوغلىغايسەن،
قارا قۇيۇنىڭ بىلەن ۋەھىمىگە سالغايسەن؛
[16] ئۇلارنىڭ سىنىڭ نامىڭنى ئىزدىشى ئۈچۈن،
ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى شەرم-ھايا بىلەن چۈمكىگەيسەن، ئى پەرۋەردىگار!
[17] ئۇلار نومۇستىن ئەبەدىي شەرمەندە بولسۇن،
جاھانغا رەسۋا بولۇپ يوقىتىلسۇن.
[18] ئۇلار بىلسۇنكى،
نامىڭ پەرۋەردىگار بولغان سەنلا پۈتكۈل جاھاندىكى ئەڭ ئالىي بولغۇچىدۇرسەن.

## 84-كۈي
## پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىنى سېغىنىش

84 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «گىتتىف»تا چېلىنسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان كۈي: ــ

---

11:83 «ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرىنى ئورەب ۋە زىئەبكە، *ۋلارنىڭ داھىيلىرىنى زەباھ ھەم زالمۇنناغا ئوخشاش قىلغايسەن» ــ سىسېرا، يابىن، (9-ئايەت) ئورەب، زىئەب، زەباھ ھەم زالمۇنناغا چېتىشلىق ۋەقەلەرنى بىلىش ئۈچۈن «باتۇر ھاكىملار» 7-، 8-بابلارنى كۆرۈڭ.

**ماكانلىرىڭ نەقەدەر ئەزىزدۇر،**
**ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار!**
**2 جېنىم پەرۋەردىگارنىڭ هويلىلىرىغا تەشنا بولۇپ،**
**سېغىنىپ هەتتا هالىدىن كېتىدۇ،**
**دىلىم ۋە ئەتلىرىم هايات تەڭرىگە تەلمۈرۈپ نىدا قىلىدۇ؛**
**3 مانا، هەتتا مۇبارەك قۇچقاچمۇ بىر ماكانىنى تاپقان،**
**قارلىغاچمۇ ئۆزىگە هەم بالا تۇغىدىغان ئۇۋا ياسايدىغان جايىنى تاپقان،**
**يەنى سېنىڭ قۇربانگاهلىرىڭدىن،**
**ئى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار،**
**مېنىڭ پادىشاهىم، مېنىڭ خۇدايىم!**
**4 سېنىڭ ئۆيۈڭدە تۇرۇۋاتقانلار بەختلىكتۇر!**
**ئۇلار ئۇزلۇكسىز سېنى مەدھىيىلەيدۇ.**
**سېلاه.**
**5 كۈچ-قۇدرىتى سەندىن بولغان كىشى بەختلىكتۇر —**
**قەلبىدە كۆتۈرۈلمە يوللار بولغانلار؛**
**6 «يىغا ۋادىسى»دىن ئۆتكەندە،**
**ئۇلار ئۇنى بۇلاقلىققا ئايلاندۇرار؛**
**بەرهەق، كۈز يامغۇرلىرى ئۇنى بەرىكەتلەرگە تولدۇرىدۇ.**

---

1:84 **«نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «گىتتىف»تا چېلىنسۇن دەپ»** — «گىتتىف»نىڭ مۇمكىنچىلىكى بار بىر مەنىسى: «گات شەهرىنىڭ سازى».

2:84 زەب. 42:2؛ 63:1-2

5:84 **«...قەلبىدە كۆتۈرۈلمە يوللار بولغانلار»** — «كۆتۈرۈلمە يوللار» — كۆتۈرۈپ ياسالغان، يېرۇسالېمغا تاۋاپ قىلىدىغان يولۇچىلار ماڭىدىغان يوللار بولسا كېرەك.

6:84 **«يىغا ۋادىسىدىن ئۆتكەندە»** — «يىغا ۋادىسى» ياكى «باكا ۋادىسى». ئىبرانىي تىلدا «باكا» بىرىنچىدىن «يىغا»نى بىلدۈرىدۇ، ئىككىنچىدىن بىر خىل ئۈجمە دەرىخىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە «يىغلايدىغان دەرەخ» — كېسىلگەن بولسا دەرەخ سۈيى يىغلىغاندەك چىقىدۇ. داۋۇت پەيغەمبەر ئىككى قېتىم بىر «باكا ۋادىسى» (يەنى «رەفايىم جىلغىسى»)دا غەلىبە قىلدى هەم ئاشۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچ جان-دوستى جېنىنى تەۋەككۇل قىلىپ ئۇنىڭغا سۇ ئېلىپ كەلدى («2سام.» 5-، 23-بابتا). **«كۈز يامغۇرلىرى ئۇنى بەرىكەتلەرگە تولدۇرىدۇ»** — قانائاندا (پەلەستىندە) كۈز يامغۇرلىرى يەرنى هەيدەش، هەم ئۇرۇق سېلىشقا تەييار قىلىدۇ.

7 ئۇلار كۈچىگە-كۈچ ئۇلاپ مېڭىۋېرىدۇ؛
ھەربىرى زىئونغا يېتىپ كېلىپ، خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا ھازىر بولىدۇ.
8 ئى ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، دۇئايىمنى ئاڭلىغايسەن؛
ئى ياقۇپنىڭ خۇداسى، قۇلاق سالغايسەن!
سېلاھ.
9 قارا، ئى قالقىنىمىز بولغان خۇدا،
ئۆزۈڭ مەسىھ قىلغىنىڭنىڭ يۈزىگە ئىلتىپات بىلەن قارىغىن!
10 چۈنكى سېنىڭ ھويلىلىرىڭدا ئۆتكەن بىر كۈن
باشقا يەردە ئۆتكەن مىڭ كۈندىن ئەلادۇر؛
رەزىللەرنىڭ چېدىرلىرىدە ياشىغاندىن كۆرە،
خۇدايىمنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغىنىم ياخشىدۇر.
11 پەرۋەردىگار خۇدا قۇياش ۋە قالقاندۇر،
پەرۋەردىگار شاپائەت ۋە شان-شۆھرەت بەخش ئېتىدۇ؛
دۇرۇس ماڭغانلاردىن ئۇ ھەرقانداق ئىلتىپاتنى ھېچ ئايىمايدۇ؛
12 ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار،
بەختلىكتۇر ساڭا تايانغان ئىنسان!

---

9:84 **«ئۆزۈڭ مەسىھ قىلغىنىڭنىڭ يۈزىگە ئىلتىپات بىلەن قارىغىن!»** — «مەسىھ قىلغىنى»، 2-كۈيدىكى ئىزاھاتلارنى، شۇنداقلا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

10:84 **«خۇدايىمنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغىنىم ياخشىدۇر»** — يەنە بىر خىل تەرجىمىسى: «خۇدايىمنىڭ ئۆيىدە ئىشىكباقار بولغىنىم ياخشىدۇر».

**12:84** زەب. 12:2؛ 8:34

## 85-كۈي
## ئىسرائىلنىڭ ئۈزۈل-كېسىل تووۋا قىلىشى ئۈچۈن مېھىر-شەپقەت تەلەپ قىلىش

85 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان كۈي: ــ

سەن ئۆز زېمىنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ،
ياقۇپنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرغانىدىڭ، ئى پەرۋەردىگار.
[2] خەلقىڭنىڭ قەبىھلىكىنى كەچۈرۈم قىلىپ،
بارلىق گۇناھلىرىنى ياپقانىدىڭ.
سېلاھ.
[3] سەن پۈتۈن قەھرىڭنى ئىچىڭگە قايتۇرۇۋېلىپ،
غەزىپىڭنىڭ ئەشەددىيلىكىدىن يانغانىدىڭسەن.
[4] ئەمدى بىزنى ئۆز يېنىڭغا قايتۇرغايسەن، ئى نىجاتلىقىمىز بولغان خۇدا!
بىزگە بولغان ئاچچىقىڭغا هاي بەرگەيسەن!
[5] سەن بىزگە ئەبەدىي غەزەپلىنەمسەن؟
ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە غەزىپىڭنى سوزامسەن؟
[6] خەلقىڭ ئۆزۈڭدىن شادلىنىشى ئۈچۈن،
بىزنى قايتىدىن يېڭىلىمامسەن؟
[7] بىزگە ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى كۆرسەتكەيسەن، ئى پەرۋەردىگار،
بىزگە نىجاتلىقىڭنى ئاتا قىلغايسەن!

---

4:85 «ئەمدى **بىزنى ئۆز يېنىڭغا قايتۇرغايسەن، ئى نىجاتلىقىمىز بولغان خۇدا! بىزگە بولغان ئاچچىقىڭغا هاي بەرگەيسەن!»** ــ خۇدانىڭ ئىسرائىلغا رەھىمدىللىق كۆرسەتۋاتقىنىنى كۆرۈپ (3-ئايەتنى كۆرۈڭ)، مۇشۇ كۈينىڭ مۇئەللىپى خۇدادىن ئىسرائىلنى ئۈزۈل-كېسىل تووۋا قىلدۇرغايسەن، ئۇلارنى ئۆز يېنىڭغا، شۇنداقلا ئۆز يۇرتىغا قايتۇرغايسەن، دەپ دۇئا قىلىشنى باشلايدۇ.

**6:85** زەب. 20:71؛ 18:80؛ 7:138

8 تەڭرى پەرۋەردىگارنىڭ نىمىلەرنى دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سالاي؛
چۈنكى ئۇ ئۆز خەلقىگە، ئۆز مۆمىن بەندىلىرىگە ئامان-
خاتىرجەملىكنى سۆزلەيدۇ؛
ئۇلار يەنە ھاماقەتلىككە قايتمىسۇن!
9 زېمىنىمىزدا شان-شۆھرەتنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن،
دەرھەقىقەت، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغانلارغا ئۇنىڭ نىجاتلىقى
يېقىندۇر؛
10 ئۆزگەرمەس مۇھەببەت ۋە ھەقىقەت ئۆزئارا كۆرۈشتى؛
ھەققانىيەت ۋە ئامان-خاتىرجەملىك بىر-بىرىنى سۆيۈشتى؛
11 ھەقىقەت يەردىن ئۈنۈپ چىقماقتا،
ھەققانىيەت ئەرشلەردىن قارايدۇ.
12 پەرۋەردىگار بەرىكەت بېرىدۇ،
زېمىنىمىز ھوسۇلىنى بېرىدۇ؛
13 ھەققانىيەت ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ،
ئۇنىڭ قەدەملىرىگە يول ھازىرلايدۇ!

## 86-كۈي
## يالغۇزلۇقتا، قىينالغان كۈندە شاپائەت تىلەش

86 1 داۋۇتنىڭ دۇئاسى:

10:85 «ئۆزگەرمەس مۇھەببەت ۋە ھەقىقەت ئۆزئارا كۆرۈشتى؛ ھەققانىيەت ۋە ئامان-خاتىرجەملىك بىر-بىرىنى سۆيۈشتى» — بۇ سىرلىق سۆزلەر شۈبھىسىزكى، مەسىھنىڭ ئۆزىنى قۇربانلىق قىلغىنىدا، ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

10:85 ئىبر. 2:7

12:85 زەب. 6:67

13:85 «ھەققانىيەت ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، ئۇنىڭ قەدەملىرىگە يول ھازىرلايدۇ!» — يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «ھەققانىيەت ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، ھەم ئۆزىنى ئۇنىڭ قەدەملىرىگە ئورنىتىدۇ».

قۇلىقىڭنى مەن تەرەپكە تۇتقىن، ئى پەرۋەردىگار، ماڭا جاۋاب
بەرگەيسەن؛
چۈنكى مەن ئېزىلگەن ۋە ھاجەتمەندۇرمەن.
2 جېنىمنى ساقلىغايسەن،
چۈنكى مەن ساڭا مۆمىندۇرمەن؛
ئى سەن خۇدايىم، ساڭا تايانغان قۇلۇڭنى قۇتقۇزغايسەن؛
3 ماڭا مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكەيسەن، ئى رەب،
چۈنكى مەن كۈن بويى ساڭا نىدا قىلىمەن.
4 قۇلۇڭنىڭ جېنىنى شاد قىلغىن،
چۈنكى جېنىم ساڭا تەلمۈرۈپ قارايدۇ؛
5 چۈنكى سەن رەب، مېھرىبان، كەچۈرۈمچان سەن!
ئۆزەڭگە ئىلتىجا قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە زور مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسەتكۈچىدۇرسەن!
6 مېنىڭ دۇئايىمغا قۇلاق سالغىن، ئى پەرۋەردىگار،
يېلىنىشلىرىمنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغايسەن؛
7 بېشىمغا كۈن چۈشكەندە،
مەن ساڭا ئىلتىجا قىلىمەن،
چۈنكى سەن ماڭا جاۋاب بېرىسەن.
8 ئىلاھلار ئارىسىدا سېنىڭ تەڭدىشىڭ يوقتۇر، ئى رەب؛
قىلغان ئىشلىرىڭنىڭمۇ تەڭدىشى يوقتۇر.
9 سەن ياراتقان بارلىق ئەللەر كېلىپ سېنىڭ ئالدىڭدا سەجدە قىلىدۇ،
ئى رەب،
نامىڭنى ئۇلۇغلايدۇ.
10 چۈنكى سەن ناھايىتى بۈيۈكسەن،

---

**7:86** زەب. 6:18؛ 15:50؛ 16:55-17

**8:86** **«ئىلاھلار ئارىسدا سېنىڭ تەڭدىشىڭ يوقتۇر، ئى رەب...»** — بۇ ئايەت «ئىلاھلار»نىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**8:86** قان. 24:3؛ زەب. 4:136

مۆجىزىلەرنى ياراتقۇچىدۇرسەن؛
سەن خۇدادۇرسەن، يالغۇز سەنلا.
[11] ئۆز يولۇڭنى ماڭا ئۆگەتكەيسەن، ئى پەرۋەردىگار،
ۋە سېنىڭ ھەقىقىتىڭدە يۈرىمەن؛
نامىڭغا ھۆرمەت-ئەيمىنىشتە بولۇشۇم ئۈچۈن، قەلبىمنى پۈتۈن قىلغايسەن.
[12] يا رەببىم خۇدا، پۈتۈن قەلبىم بىلەن سېنى مەدھىيىلەيمەن،
ئەبەدىلئەبەد نامىڭنى ئۇلۇغلايمەن.
[13] چۈنكى ماڭا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭ زوردۇر،
سەن تەھتىسارانىڭ تەگلىرىدىن جېنىمنى قۇتقۇزىسەن؛
[14] ئى خۇدا، تەكەببۇرلار ماڭا قارشى كۆتۈرۈلدى،
ئەشەددىيلەرنىڭ جامائىتى جېنىمنى ئىزدىمەكتە،
ئۇلار سېنى نەزىرىگە ئالمەيدۇ!
[15] ئەمما سەن، رەب، رەھىمدىل ۋە شەپقەتلىك ئىلاھسەن،
ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايسەن،
مېھىر-مۇھەببەت ھەم ھەقىقەت-سادىقلىقىڭ تېشىپ تۇرىدۇ.
[16] مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، شەپقەت كۆرسەتكەيسەن؛
ئۆز قۇلۇڭغا كۈچ-قۇۋۋىتىڭنى بەرگەيسەن،
دېدىكىڭنىڭ ئوغلىنى قۇتقۇزغايسەن!
[17] ماڭا ئۆچمەنلەرنىڭ ئۇنى كۆرۈپ خىجىل بولۇشى ئۈچۈن،
ئىلتىپاتىڭنى كۆرسىتىدىغان بىر ئالامەتنى ماڭا كۆرسەتكىن؛
چۈنكى سەن پەرۋەردىگار، ماڭا ياردەم قىلدىڭ،
ماڭا تەسەللى بېرىپ كەلگەنسەن.

---

**11:86** زەب. 4:25-5؛ 11:27؛ 33:119

**14:86** زەب. 3:54-5

**15:86** مىس. 6:34؛ چۆل. 18:14؛ نەھ. 17:9؛ زەب. 8:103؛ 8:145؛ يو. 13:2

# 87-كۈي
## زىئوننىڭ ئۇلۇغلۇقى

87 [1] كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان كۈي-ناخشا: —
ئۇنىڭ ئۇلى بولسا مۇقەددەس تاغلاردىدۇر.
[2] پەرۋەردىگار زىئوننىڭ دەرۋازىلىرىنى سۆيىدۇ،
ياقۇپنىڭ بارلىق ماكان-جايلىرىدىنمۇ ئەۋزەل كۆرىدۇ؛
[3] سېنىڭ شەرىپىڭگە ئۇلۇغ ئىشلار ئېيتىلماقتا، ئى خۇدانىڭ شەھىرى!
سېلاھ.
[4] «مېنى تونۇپ بىلگەنلەر ئارىسىدا راھاب بىلەن بابىلنى تىلغا ئالىمەن؛
مانا فىلىستىيە، تۇر بىلەن ئېفىئوپىيە؛
مانا بۇ ئادەم شۇ يەردە تۇغۇلغان» — دەيمەن.
[5] بەرھەق، زىئون توغرۇلۇق شۇنداق ئېيتىلىدۇ: —
«بۇ ئادەم، پالانچى-پوكۇنچى ئۇنىڭدا تۇغۇلغان،
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ ئۆزى ئۇنى مۇستەھكەملەيدۇ».
[6] خەلق-قوۋملارنى خاتىرىلىگىنىدە پەرۋەردىگار: —
«بۇ كىشى بۇ يەردە تۇغۇلغان» — دەپ ئالاھىدە خاتىرىگە يېزىپ قويىدۇ.

---

1:87 **«ئۇنىڭ ئۇلى بولسا مۇقەددەس تاغلاردىدۇر»** — «ئۇنىڭ ئۇلى» — خۇدانىڭ ئۇلى، دېمەك.

4:87 **«... ئارىسىدا راھاب بىلەن بابىلنى تىلغا ئالىمەن»** — «راھاب» بۇ يەردە مىسىرنى بىلدۈرىدۇ (مەنىسى: «تەكەببۇر». «يەش.» 7:30نى كۆرۈڭ). **«»مېنى تونۇپ بىلگەنلەر ئارىسىدا راھاب بىلەن بابىلنى تىلغا ئالىمەن... مانا بۇ ئادەم شۇ يەردە تۇغۇلغان» — دەيمەن»** — سۆزلىگۈچى خۇدا ئۆزى بولسا كېرەك.

سېلاھ.
[7] ناخشىچىلار، ئۇسسۇلچىلار شۇنى تەڭ ئېيتىدۇ: ــ
«مېنىڭ بارلىق بۇلاق-مەنبەلىرىم سېنىڭدىدۇر!»

## 88-كۈي
## تۇم قاراڭغۇلۇق

88 [1] كوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يېزىلغان كۈي-ناخشا: ــ
نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «ماخالات-لېئانوت»
ئاھاڭىدا ئوقۇلسۇن دەپ، ئەزراھلىق ھېمان يازغان «ماسقىل»: ــ

ئى پەرۋەردىگار، نىجاتلىقىم بولغان خۇدا،
كېچە-كۈندۈز ساڭا نالە قىلىپ كەلدىم.
[2] دۇئايىم سېنىڭ ئالدىڭغا كىرىپ ئىجابەت بولسۇن؛
نىدايىمغا قۇلاق سالغايسەن؛
[3] چۈنكى دەردلەردىن جېنىم تويغان،
ھاياتىم تەھتىساراغا يېقىنلاشقان،
[4] ھاڭغا چۈشۈۋاتقانلار قاتارىدا ھېسابلىنىمەن؛
كۈچ-ماغدۇرى قۇرۇغان ئادەمدەك بولۇپ قالدىم.

---

6:87 ««بۇ كىشى بۇ يەردە تۇغۇلغان» ــ دەپ ئالاھىدە خاتىرىگە يېزىپ قويىدۇ» ــ بۇ سىرلىق سۆز خۇدانىڭ يەھۇدىي بولمىغان («يات ئەللىك») ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى ئېتىقادى ئارقىلىق «ئۆزۈمگە تەۋە ئادەم، ئۆزۈمنىڭ ئائىلەمدىكى ئادەم» دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارغا ئىلتىپات قىلىپ: «يېرۇسالېمدا تۇغۇلغان» دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

6:87 زەب. 22:31: ئىنر. 23-22:12

7:87 «مېنىڭ بارلىق بۇلاق-مەنبەلىرىم سېنىڭدىدۇر!» ــ «سېنىڭدا» بەلكىم زىئوندا دېگەن مەنىدە. بەزى ئالىملار مەنىسىنى «خۇدا ئۆزىدە» دەپ قارايدۇ.

1:88 «نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «ماخالات-لېئانوت» ئاھاڭىدا ئوقۇلسۇن دەپ...» ــ «ماخالات-لېئانوت»نىڭ مەنىسى نامەلۇم؛ بەزى ئالىملار «ئاجىزلىقتىكى دەردلەر» ياكى «خارلىقتىن چىققان كېسەل» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

5 ئۆلۈكلەر ئارىسىغا تاشلانغانمەن،
قىرىلىپ قەبرىدە ياتقانلاردەك؛
سەن ئۇلارنى يەنە ئەسلىمەيسەن،
ئۇلار قولۇڭدىن ئۈزۈپ ئېلىنىپ يىراق قىلىنغان.
6 سەن مېنى ھاڭنىڭ ئەڭ تېگىگە،
زۇلمەتلىك جايلارغا، دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە چۆمدۈردۈڭ.
7 قەھرىڭ ئۈستۈمگە ئېغىر يۈكتەك باستى،
بارلىق دولقۇنلىرىڭ بىلەن مېنى قىيىندىڭ.
8 مەندىن دوست-بۇرادەرلىرىمنى يىراقلاشتۇردۇڭ؛
ئۇلارنى مەندىن يىرگەندۈردۈڭ؛
مەن قامالغانمەن، ھېچ چىقالمايمەن.
9 كۆزلىرىم ئازاب-ئوقۇبەتتىن خىرەلەشتى؛
ھەر كۈنى ساڭا نىدا قىلىمەن، ئى پەرۋەردىگار،
قوللىرىمنى ساڭا كۆتۈرۈپ كەلدىم.
10 ئۆلۈكلەرگە مۆجىزە كۆرسىتەرسەنمۇ؟
مەرھۇملار ئورنىدىن تۇرۇپ ساڭا تەشەككۈر ئېيتارمۇ؟
11 ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ قەبرىدە بايان قىلىنارمۇ؟
ھالاكەت دىيارىدا سادىقلىق-ھەقىقىتىڭ ماختىلارمۇ؟
12 كارامەتلىرىڭ زۇلمەتتە تونۇلارمۇ؟
ھەققانىيلىقىڭ «ئۇنتۇلۇش زېمىنى»دە بىلىنەرمۇ؟
13 بىراق مەن بولسام، پەرۋەردىگار، ساڭا پەرياد كۆتۈرىمەن،
تاڭ سەھەردە دۇئايىم ئالدىڭغا كىرىدۇ.
14 ئى پەرۋەردىگار، نېمىگە جېنىمنى تاشلىۋەتتىڭ؟
نېمىگە جامالىڭنى مەندىن يوشۇردۇڭ؟
15 ياشلىقىمدىن تارتىپ مەن ئېزىلگەن، بىماردۇرمەن؛
ۋەھشەتلىرىڭنى كۆرۈۋېرىپ ھېچ ھالىم قالمىدى.

5:88 **«ئۇلار قولۇڭدىن ئۈزۈپ ئېلىنىپ يىراق قىلىنغان»** — مەنىسى، بەلكىم: «خۇدانىڭ ئىنسانلارغا دائىم كۆرستىدىغان كۆيۈمدىن ئايرىلغان» دېگەندەك.

16 قەھرىڭ ئۈستۈمدىن ئۆتتى؛
ۋەھىملىرىڭ مېنى نابۇت قىلدى.
17 ئۇلار كۈن بويى تاشقىن سۇلىرىدەك مېنى ئوراۋالدى،
تامامەن مېنى چۆمدۈردى.
18 جان دوستلىرىمنى، ئاغىنىلىرىمنى مېنىڭدىن يىراقلاشتۇردۇڭ،
مېنىڭ ئەزىز دوستۇم بولسا قاراڭغۇلۇقتۇر!

## 89-كۈي

## خۇدانىڭ داۋۇت ئۈچۈن بېكىتكەن مەڭگۈلۈك ئەھدىسى – نېمىشقا مەغلۇبىيەت ھەم مۇنقەرزلىك بولىدۇ؟

89 1 ئەزراھلىق ئېتان يازغان «ماسقىل»: —
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىنى ئەبەدىي كۈيلەيمەن،
ئاغزىمدا دەۋردىن-دەۋرگىچە ھەقىقەت-ساداقىتىڭنى ئايان قىلىمەن.
2 چۈنكى مەن: ئۆزگەرمەس مۇھەببەت مەڭگۈگە تىكلىنىپ ماڭىدۇ،
سەن ھەقىقەت-ساداقىتىڭنى ئەرشئەلادا مۇستەھكەملەۋاتىسەن —
دەپ بىلدىم؛
3 سەن دېدىڭكى: —
«مەن تاللىۋالغىنىم بىلەن ئەھدە تۈزگەنمەن؛
قۇلۇم داۋۇتقا قەسەم قىلدىم: —
4 سېنىڭ ئەۋلادىڭنى مەڭگۈ داۋام قىلدۇرىمەن،
تەختىڭنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قۇرۇپ چىقىمەن».

---

18:88 **«مېنىڭ ئەزىز دوستۇم بولسا قاراڭغۇلۇقتۇر!»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «يار-بۇرادەرلىرىم قاراڭغۇلۇققا كۆمۈلۈپ قالدى».
1:89 **«ئەزراھلىق ئېتان يازغان «ماسقىل»: — ...»** — ئەگەر بۇ «ئېتان» داۋۇت پادىشاھنىڭ دەۋرىدە ياشىغان («1پاد.» 31:4-ئايەتتىكى «ئېتان») بولسا، بۇ كۈي بېشارەت بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا داۋۇتنىڭ خاندانى تەختتىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن (بابىلدا سۈرگۈن بولغاندىن كېيىن) باشقا بىر ئېتان يازغان.

سېلاھ.
[5] ھەم ئاسمانلارمۇ سېنىڭ مۆجىزىلىرىڭنى تەبرىكلەيدۇ، ئى پەرۋەردىگار،
مۇقەددەسلەرنىڭ جامائىتىدە ئۇلار ھەقىقەت-ساداقىتىڭنى مەدھىيىلەيدۇ؛
[6] چۈنكى ئاسمانلاردا پەرۋەردىگارنىڭ تەڭدىشى بارمۇ؟
قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا پەرۋەردىگارغا ئوخشايدىغان كىم بار؟
[7] تەڭرىنىڭ ھەيۋىسى مۇقەددەسلەرنىڭ مەجلىسىدىكىلەرنى قاتتىق تىترىتىدۇ،
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن ئۇ قورقۇنچلۇقتۇر.
[8] ئى پەرۋەردىگار، ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا،
قۇدرەتلىك ياھ،
ساڭا ئوخشايدىغان كىم بار؟
ئەتراپىڭدا ھەقىقەت-ساداقىتىڭ تۇرۇقلۇقتۇر.
[9] دېڭىزنىڭ مەغرۇرلۇقى ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىسەن،
دولقۇنلىرى ئۆركەشلىگەندە، سەن ئۇلارنى تىنچلاندۇرىسەن؛
[10] راھابنى ئۆلگۈدەك يانجىدىڭسەن،
كۈچلۈك بىلىكىڭ بىلەن دۈشمەنلىرىڭنى تىرىپىرەن قىلىپ تارقىتىۋەتتىڭ.
[11] ئاسمانلار سېنىڭكى، يەرمۇ سېنىڭكىدۇر،
جاھان ھەم ئۇنىڭغا تولغان ھەممىنى بەرپا قىلدىڭ.

---

5:89 «مۇقەددەسلەرنىڭ جامائىتىدە ئۇلار ھەقىقەت-ساداقىتىڭنى مەدھىيىلەيدۇ» — «مۇقەددەسلەر» ھەم 6-ئايەتتىكى «قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئوغۇللىرى» پەرىشتىلەرنى كۆرسەتسە كېرەك

5:89 زەب. 19:1-2

10:89 «راھابنى ئۆلگۈدەك يانجىدىڭسەن» — «راھاب» ھەم دېڭىز ئەجدىھاسى (جىن-شەيتانلارنىڭ بىر ئىپادىسى) ھەم مىسىرنىڭ بىر لەقىمى ئىدى. مەنىسى «مەغرۇر»دۇر («يەش.» 7:30نى كۆرۈڭ).

11:89 زەب. 24:1، 2

12 شىمال ۋە جەنۇبنى، ئۇلارنى يارىتىپسەن،
تابور ۋە ھەرمون چوققىلىرى نامىڭنى ياڭرىتىپ كۈيلەر.
13 قۇدرەتلىك بىلەك سېنىڭكىدۇر؛
كۈچلۈكتۇر سېنىڭ قولۇڭ، ئۇڭ قولۇڭ ھەم كۆتۈرۈكلۈكتۇر.
14 تەختىڭنىڭ ئۇلى ھەققانىيلىق ھەم ئادالەتتۇر،
مۇھەببەت ھەم ھەقىقەت-ساداقەت دائىم دىدارىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ.
15 تەنتەنە ساداسىنى بىلگەن خەلق بەختلىكتۇر؛
ئۇلار سېنىڭ جامالىڭنىڭ نۇرىدا ماڭىدۇ، ئى پەرۋەردىگار!
16 ئۇلار نامىڭدا كۈن بويى شاد بولار،
ھەققانىيلىقىڭدا ئۇلار كۆتۈرۈلدى.
17 چۈنكى ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ شان-شەرىپى ئۆزۈڭدۇرسەن،
سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ بىلەن مۈڭگۈزىمىز كۆتۈرۈلىدۇ.
18 چۈنكى پەرۋەردىگار بىزنىڭ قالقىنىمىز،
ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى شاھىمىزدۇر.

19 سەن بۇرۇن ئۆز مۆمىن بەندەڭگە غايىبانە ئالامەتتە كۆرۈنۈپ سۆز قىلىپ شۇنى دېگەنىدىڭسەن: —
«مەن بىر ئەزىمەت ئۈستىگە ياردىمىمنى قوندۇردۇم،
ئەل ئارىسىدىن مەن تاللىۋالغان بىرسىنى كۆتۈردۇم؛
20 قۇلۇم داۋۇتنى تاپتىم،

---

**14:89** زەب. 13:85؛ 2:97

15:89 **«تەنتەنە ساداسى»** — ياكى «غالىبىيەتنىڭ ۋارقىرىشى»، ياكى «ھېيتلىق تەنتەنىلەر».

17:89 **«سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ بىلەن مۈڭگۈزىمىز كۆتۈرۈلىدۇ»** — «مۈڭگۈز» مەلۇم ئەلنىڭ ياكى ئادەمنىڭ شان-شەرىپىنى، كۈچ-قۇدرىتىنى بىلدۈرىدۇ.

18:89 **«چۈنكى پەرۋەردىگار بىزنىڭ قالقىنىمىز، ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى شاھىمىزدۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى قالقىنىمىز پەرۋەردىگاردىن، شاھىمىز ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىدىندۇر».

19:89 **«سەن بۇرۇن ئۆز مۆمىن بەندەڭگە غايىبانە ئالامەتتە كۆرۈنۈپ سۆز قىلىپ شۇنى دېگەنىدىڭسەن...»** — بۇ توغرۇلۇق «2سام.» 8:7-17نى كۆرۈڭ.

مۇقەددەس مېيىم بىلەن مەن ئۇنى مەسىھ قىلىپ تىكلىدىم.
[21] قولۇم ئۇنىڭغا يار بولۇشقا بېكىتىلگەن،
بىلىكىم ئۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.
[22] دۈشمەن ئۇنىڭدىن ھېچ ئالۋان-سېلىق ئالمايدۇ،
پەسكەش ئادەم ئۇنى قىستىمايدۇ؛
[23] بەلكى مەن رەقىبلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىدا يانجىيمەن،
ئۇنى ئۆچ كۆرگەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن؛
[24] ئۆز ھەقىقەت-ساداقىتىم ھەم مېھىر-مۇھەببىتىم ئۇنىڭغا يار بولار،
ھەم مېنىڭ نامىم بىلەن ئۇنىڭ مۇڭگۈزى كۆتۈرۈلىدۇ.
[25] مەن ئۇنىڭ قولىنى دېڭىز ئۈستىدە،
ئوڭ قولىنى دەريالار ئۈستىدە قويىمەن.
[26] ئۇ مېنى چاقىرىپ دەيدۇكى: ــ
«سەن مېنىڭ ئاتام، مېنىڭ تەڭرىم،
نىجاتلىقىم بولغان قورام تېشىمدۇرسەن!».
[27] مەن يەنە ئۇنى مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم دەپ،
دۇنيا پادىشاھلىرىدىن ئەڭ يۇقۇرىسى قىلىمەن.
[28] مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەبەدىي قالدۇرىمەن،
مېنىڭ ئەھدەم ئۇنىڭ بىلەن مەھكەم تۇرىدۇ؛
[29] مەن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەبەدىيلەشتۈرىمەن،
ئۇنىڭ تەختىنى ئاسمانىنىڭ كۈنلىرىدەك داۋام قىلدۇرىمەن.
[30] مۇبادا ئوغۇللىرى تەۋرات-قانۇنۇمدىن چىقىپ،
ھۆكۈملىرىم بويىچە يۈرمىسە،
[31] بەلگىلىمىلىرىمنى بۇزسا،

---

**20:89** 1سام. 1،13:16
**22:89** 2سام. 10:7
**26:89** 2سام. 14:7؛ ئىبر. 4:1، 5
**27:89** زەب. 7:2؛ 11:72؛ كول.1:15-18
**30:89** 2سام. 14:7

ئەمرلىرىمگە ئىتائەت قىلمىسا،
32 — ئۇ ۋاقىتتا ئىتائەتسىزلىكىنى تاياق بىلەن،
گۇناھىنى يارا-جاراھەت بىلەن جازالايمەن.
33 لېكىن مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ قويمايمەن،
ھەقىقەت-ساداقىتىمگە خىيانەت قىلمايمەن؛
34 مەن تۈزگەن ئەھدەمنى ئەسلا بۇزمايمەن،
لەۋلىرىمدىن چىققانلىرىنى ھېچ ئۆزگەرتمەيمەن.
35 مەن بىر قېتىم پاك-مۇقەددەسلىكىمگە قەسەم ئىچتىم —
داۋۇتقا قەتئىي يالغان سۆزلىمەيمەن: —
36 «ئۇنىڭ ئەۋلادى ئەبەدىي داۋاملىشار؛
ئۇنىڭ تەختى كۆز ئالدىمدىكى قۇياش كەبى تۇرار؛
37 ئۇ ئاي كەبى مەڭگۈلۈك مۇستەھكەملىنەر،
ئاسماندىكى تۇرغۇن گۇۋاھچىدەك مەزمۇت تۇرار».
سېلاھ.

38 بىراق سەن بۇلارنى چەتكە قېقىپ، تېنىپ كەتتىڭ؛
سەن مەسىھ قىلغان پادىشاھقا قاتتىق غەزەپلەندىڭ.
39 قۇلۇڭ بىلەن تۈزگەن ئەھدىدىن ۋاز كەچتىڭ،
ئۇنىڭ تاجىنى يەرگە تاشلاپ داغ تەگكۈزدۈڭ.
40 ئۇنىڭ بارلىق تام-پاسىللىرىنى يىقىتىپ،
قەلئەلىرىنى خارابىلىككە ئايلاندۇردۇڭ.
41 يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بۇلىماقتا،

---

**35:89** ئىبر. 6:18،17،13

**36:89** مات. 45:27

**37:89** **«ئۇ ئاي كەبى مەڭگۈلۈك مۇستەھكەملىنەر، ئاسماندىكى تۇرغۇن گۇۋاھچىدەك مەزمۇت تۇرار»** — «ئاسماندىكى تۇرغۇن گۇۋاھچى» يەنە ئاينى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن.

**38:89** زەب. 1:22؛ مات. 46:27؛ يەش. 3:53-6، 10

**40:89** زەب. 12:80-13

ئۇ بارلىق قوشنىلىرى ئالدىدا رەسۋا بولدى.
42 ئۇنى ئەزگەنلەرنىڭ ئوڭ قولىنى يۇقىرى كۆتۈردۈڭ،
پۈتكۈل دۈشمەنلىرىنى خۇشال قىلدىڭ.
43 بەرھەق، سەن ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ بىسىنى قايرىۋەتتىڭ،
جەڭدە ئۇنى تىك تۇرغۇزمىدىڭ.
44 ئۇنىڭ جۇلالىقىنى يوقىتىپ،
ئۇنىڭ تەختىنى يەرگە ئۆرۈۋەتتىڭسەن.
45 ياشلىق كۈنلىرىنى سەن قىسقارتتىڭ،
ئۇنى خىجالەتكە چۆمدۈردۈڭ.
سېلاھ.
46 قاچانغىچە، ئى پەرۋەردىگار؟
ئۆزۈڭنى ئەبەدىي يوشۇرۇۋېرەمسەن؟
قەھرىڭ ئوت كەبى مەڭگۈ يانارمۇ؟
47 ماڭا نىسبەتەن، ئۆمۈرنىڭ قىس ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتقىن!
نېمىشقىمۇ بارلىق ئىنسان بالىلىرىنى بىھۇدىلىككە ياراتقانسەن؟
48 قېنى، قايسى ئادەم ياشاپ ئۆلۈمنى كۆرمەيدىكەن؟
ئۇ جېنىنى تەھتىسارانىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزالامدىكەن؟
سېلاھ.
49 سەن ھەقىقەت-ساداقىتىڭدە داۋۇتقا قەسەم ئىچكەن،
ئاۋۋالقى مېھىر-مۇھەببەتلەر قەيەردە قالدى، يا رەببىم؟
50 قۇللىرىڭ ئۇچراۋاتقان مەسخىرىلەرنى ياد ئەتكەيسەن، ئى رەب —
مەن ئىچىمدە پۈتكۈل كۈچلۈك ئەللەرنىڭ مازاقلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن —
51 دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئۆزۈڭ مەسىھ قىلغانىنىڭ قەدەملىرىنى

---

**41:89** زەب. 80:12-13
**44:89** يەش. 53:7-8
**48:89** زەب. 49:6-12، 15
**49:89** 2سام. 7:15

قانچىلىك مەسخىرىلىگىنىنى،
ئى پەرۋەردىگار، ياد ئەتكەيسەن!
[52] پەرۋەردىگارغا مەڭگۈگە تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇلسۇن!
ئامىن! ئامىن!

# تۆتىنچى بۆلۈم

## 90-كۈي
## هاياتنى قەدىرلەيدىغان دانالىق

90 [1] خۇدانىڭ ئادىمى بولغان مۇسانىڭ دۇئاسى: ــ
يا رەببىم،
سەن بارلىق دەۋردە بىزگە ماكان بولۇپ كېلىۋاتىسەن؛
[2] تاغلار ۋۇجۇدقا كەلمەستىن بۇرۇن،
سەن يەر ۋە ئالەمنى شەكىللەندۈرمەستىن بۇرۇن،
ئەزەلدىن ئەبەدگىچە تەڭرىدۇرسەن.
[3] سەن ئىنسانىنى تۇپراققا ئايلاندۇرۇپ: ــ
«ھەي، ئىنسان باللىرى، قايتىڭلار!» ــ دەيسەن.
[4] مانا، سېنىڭ نەزىرىڭدە مىڭ يىل ــ
ئۆتۈپ كەتكەن تۈنۈگۈنكى بىر كۈن،
تۈندىكى بىر جېسەكتۇر، خالاس.
[5] سەن ئادەملەرنى سۇ تاشقىنىدەك ئېلىپ كېتىسەن،
ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئۇيقۇدەك،
تاڭ سەھەردە ئۈنۈپ چىققان ئوت-چۆپكە ئوخشايدۇ ــ
[6] ئەتىگەندە ئۇلار كۆكىرىپ ئۈنىدۇ،
كېچىسى بولسا كېسىلىپ، سولىشىپ كېتەر.

2:90 «تاغلار ۋۇجۇدقا كەلمەستىن بۇرۇن...» ــ ئىبرانىي تىلدا «تاغلار تۇغۇلماستىن بۇرۇن...»

7 چۈنكى بىز غەزىپىڭ بىلەن يوقايمىز،
قەھرىڭ بىلەن دەككە-دۈككىدە قالىمىز.
8 سەن قەبىھلىكلىرىمىزنى كۆز ئالدىڭغا،
يوشۇرۇن قىلمىشلىرىمىزنى جامالىڭنىڭ نۇرى ئالدىغا قويدۇڭ.
9 بارلىق كۈنلىرىمىز دەرغەزىپىڭ ئاستىدا ئۆتۈپ كېتىدۇ،
يىللىرىمىزنى بىر ئۇھ تارتىش بىلەنلا تۈگىتىمىز.
10 ئۆمرىمىزنىڭ يىللىرى يەتمىش يىل،
ماغدۇرىمىز بار بولسا سەكسەن يىل؛
بىراق ئۇلارنىڭ پەخرى جاپا ۋە بىھۇدىلىكتۇر؛
ھايات تېزلىك بىلەن ئۆزەر،
مانا، بىز ئۇچۇپ كەتتۇق.
11 ساڭا بولغان ھۆرمەت-ئەيمىنىشنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ ھېسابلىنىدىغان،
ئاچچىقىڭنىڭ شىددىتىنى كىم بىلسۇن؟
12 شۇڭا كۆڭلىمىزنى دانالىققا قويۇشىمىز ئۈچۈن،
كۈنلىرىمىزنى ساناشنى بىزگە ئۆگەتكەيسەن!
13 يېنىمىزغا قايتقايسەن، ئى پەرۋەردىگار، سېنى قاچانغىچە...؟!
قۇللىرىڭغا رەھىم قىلغايسەن!
14 بىزنى ئەتىگەندە ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بىلەن قاندۇرغايسەن؛
ئۇنداقتا بارلىق كۈنلىرىمىزدە كۈيلەرنى ياڭرىتىپ شادلىنىمىز.
15 سەن بىزنى جاپاغا چۆمگەن كۈنلەرگە ئاساسەن،
كۆلپەتنى كۆرگەن يىللىرىمىزغا ئاساسەن يەنە خۇرسەن قىلغىن!
16 ئۇلۇغ ئىشلىرىڭ قۇللىرىڭغا كۆرۈنگەي،
شان-شەۋكىتىڭ ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغىمۇ ئاشكارا بولغاي!
17 پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ شېرىن مەرھەمىتى ئۈستىمىزدە بولغاي،
قولىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئۈستىمىزگە بەرىكەتلىك قىلغايسەن،
بەرھەق، قولىمىزنىڭ ئىشلىرىنى بەرىكەتلىك قىلغايسەن!

## 91-كۈي
## خۇدانىڭ ھەرخىل يامانلىقتىن، جىن-شەيتانلاردىن قوغدىشى

91 [1] ئەڭ ئالىي بولغۇچىنىڭ مەخپىي جايىدا تۇرغۇچى،
ھەممىگە قادىرنىڭ سايىسىدە ئارامخۇدا ياشايدۇ.
[2] مەن پەرۋەردىگارنى: ــ
«مېنىڭ باشپاناھىم، مېنىڭ قورغىنىم؛
مېنىڭ خۇدايىم، ئۇنىڭغا تايىنىمەن» ــ دەيمەن.
[3] بەرھەق، ئۇ قىلتاقچىنىڭ تۇزىقىدىن سېنى قۇتۇلدۇرىدۇ،
شۇم ۋابا-قازادىن ھەم خالاس ئېتىدۇ.
[4] ئۇ پەيلىرى بىلەن سېنى ياپىدۇ؛
قاناتلىرى ئاستىدا پاناھ تاپىسەن؛
ئۇنىڭ ھەقىقەتى ساڭا قالقان ھەم ئىستىھكامدۇر.
[5] سەن نە كېچىدىكى ۋەھىمىدىن،
نە كۈندۈزى ئۇچۇۋاتقان ئوقتىن،
[6] نە قاراڭغۇلۇقتا كەزگۈچى ۋابادىن،
نە چۈش ۋاقتىدا ۋەيرانچىلىق قىلغۇچى ھالاكەتتىن قورقمايسەن.
[7] سېنىڭ يېنىڭدا مىڭى يىقىلىپ،
ئوڭ يېقىڭدا ئون مىڭى غۇلاپ چۈشسىمۇ،
لېكىن بالا-قازا ساڭا يېقىنلاشمايدۇ.
[8] سەن پەقەت كۆزلىرىڭ بىلەن بېقىپ،
پاسىقلارغا بېرىلگەن جازانى كۆرىسەن.

---

**3:91** زەب. 7:124
**4:91** زەب. 1:57
**5:91** ئايۇپ 19،20:5؛ پەند. 25:3؛ كۈي. 8:3

9 پەرۋەردىگارنى پاناھىم دەپ بىلگىنىڭ ئۈچۈن،
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنى ماكان قىلغىنىڭ ئۈچۈن،
10 بېشىڭغا ھېچ پالاكەت چۈشمەيدۇ،
ھېچ ۋابا چېدىرىڭغا يېقىنلاشمايدۇ.
11 ئۇ ئۆز پەرىشتىلىرىگە سېنىڭ ھەققىڭدە ئەمر قىلىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتكۈل يوللىرىڭدا سېنى ساقلايدۇ.
12 ئايىغىڭ تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن،
ئۇلار سېنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ.
13 شىر ۋە كوبرا يىلان ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتىسەن،
ئارسلان ۋە ئەجدىھانى دەسسەپ-چەيلەيسەن.
14 «ئۇ ماڭا مۇھەببىتىنى باغلىغانلىقى ئۈچۈن،
مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرىمەن؛
ئۇ نامىمنى تونۇغىنى ئۈچۈن يۇقىرىدا ساقلايمەن.
15 ئۇ ماڭا نىدا قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىمەن؛
ئېغىر كۈن ئۇنى باسقاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن؛
مەن ئۇنى خالاس قىلىپ، ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىمەن.
16 ئۇزاق ئۆمۈر بىلەن ئۇنى قاندۇرىمەن،
ھەم نىجاتلىقىمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىمەن».

---

9:91 **«پەرۋەردىگارنى پاناھىم دەپ بىلگىنىڭ ئۈچۈن، *ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنى ماكان قىلغىنىڭ ئۈچۈن، ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى، ئىبرانىي تىلغا سۆزمۇسۆز ئەگىشىپ: ــ «چۈنكى سەن پەرۋەردىگار، مېنىڭ پاناھىم، ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنى ماكان قىلغىنىڭ ئۈچۈن، ...». بۇ تەرجىمىسى توغرا بولسا، خۇدا مەسىھكە سۆز قىلىپ، ئۇنى «مېنىڭ پاناھىم» دەيدۇ ــ دېمەك، مەسىھ بولسا خۇدا پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن تەمىنلىگەن باشپاناھدۇر.

**11:91** زەب. 7:34؛ مات. 6:4؛ لۇقا 10:4

**12:91** لۇقا 11:4

**13:91** ئايۇپ 22،23:5

## 92-كۈي
## مەدھىيە

92 [1] شابات كۈنى ئۇچۇن بىر كۈي-ناخشا: ــ
پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىش،
نامىڭنى كۈيلەش ئەلادۇر، ئى ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى!
[2] ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى سەھەردە،
كېچىلەردە بولسا، ھەقىقەت-ساداقىتىڭنى جاكارلاش،
[3] ئون تارلىق ساز ۋە راۋابنى چېلىپ،
چىلتار بىلەن مۇڭلۇق ئاھاڭدا چېلىش ئەلادۇر!
[4] چۈنكى سەن پەرۋەردىگار، ئۆز قىلغىنىڭ ئارقىلىق مېنى خۇرسەن
قىلدىڭ،
قوللىرىڭنىڭ قىلغانلىرى بىلەن مەن روھلىنىپ ناخشا ئېيتىمەن.
[5] پەرۋەردىگار، قىلغان ئىشلىرىڭ نېمىدېگەن ئۇلۇغدۇر!
ئويلىرىڭ ناھايىتى چوڭقۇردۇر!
[6] بىغەم كىشى بۇنى بىلمەس،
ھاماقەت بۇنى چۈشەنمەس،
[7] رەزىللەر ئوت-چۆپتەك ئايىنىغاندا،
قەبىھلىك قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى گۈللەنگەندە،
مەڭگۈ ھالاك بولۇپ كېتىدىغانلار شۇلاردۇر!
[8] لېكىن سەن، ئى پەرۋەردىگار، ئەبەدىلئەبەد ئۈستۈن تۇرىسەن.
[9] چۈنكى مانا دۈشمەنلىرىڭ، ئى پەرۋەردىگار،

---

1:92 **«شابات كۈنى ئۈچۈن بىر كۈي-ناخشا...»** ــ «شابات كۈنى» ــ شەنبە كۈنى، يەنى خۇدا يەھۇدىي خەلققە بېكىتكەن ئارام ئېلىش كۈنى.
6:92 زەب. 8:94؛ پەند. 1:12
7:92 **«مەڭگۈ ھالاك بولۇپ كېتىدىغانلار شۇلاردۇر!»** ــ ياكى «بۇ ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن بولىدۇ!».

مانا دۈشمەنلىرىڭ يوقىلىدۇ؛
بارلىق قەبىھلىك قىلغۇچىلار تىرىپىرەن قىلىۋېتىلىدۇ!
[10] مۈڭگۈزۈمنى ياۋايى بۇقىنىڭكىدەك كۆتۈرىسەن؛
بېشىم يېڭى ماي سۈركەپ، مەسىھ قىلىنىدۇ.
[11] مېنى قەست قىلغانلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئۆز كۆزۈم كۆرىدۇ؛
ماڭا قارشىلىشىشقا قوزغالغان رەزىللىك قىلغۇچىلارنىڭ تەن
بەرگەنلىكىنىمۇ قۇلىقىم ئاڭلايدۇ.
[12] ھەققانىي ئادەم خورما دەرىخى كەبى گۈللەپ-ياشنايدۇ؛
ئۇ لىۋاندىكى كېدىر دەرىخىدەك ئۆسىدۇ.
[13] پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە تىكىلگەنلەر،
خۇدايىمىزنىڭ ھويلىلىرىدا گۈللىنىدۇ؛
[14] ئۇلار قېرىغاندىمۇ يەنە مېۋە بېرىدۇ،
سۇلۇق ھەم يېشىل ئۇلار؛
[15] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگار دۇرۇستتۇر، دەپ ئىسپاتلايدۇ؛
ئۇ مېنىڭ قورام تېشىمدۇر،
ئۇنىڭدا ھېچ ناھەقلىك يوقتۇر!

## 93-كۈي

## پەرۋەردىگار قۇدرەتلىك ھۆكۈمراندۇر

93 [1] پەرۋەردىگار ھۆكۈم سۈرىدۇ!
ئۇ ھەيۋەتنى كىيىم قىلىپ كىيگەن؛
پەرۋەردىگار كىيىنگەن،
ئۇ بېلىنى قۇدرەت بىلەن باغلىغان؛
بەرھەق، شۇڭا دۇنيا مەزمۇت قىلىنغان،
ئۇ تەۋرەنمەس ئەسلا.

12:92 ھاك. 15:9؛ ھوش. 6:14

2 سىنىڭ تەختىڭ قەدىمدىلا بەرپا قىلىنغان؛
سەن ئەزەلدىن بار بولغۇچىسەن!
3 كەلكۈن-تاشقىنلار ئۆز ساداسىنى كۆتۈردى، ئى پەرۋەردىگار،
كەلكۈن-تاشقىنلار ئۆز ساداسىنى كۆتۈردى!
كەلكۈن-تاشقىنلار ئۆرغۈچى دولقۇنلىرىنى يۇقىرى كۆتۈردى!
4 كۆپ سۇلارنىڭ شاۋقۇنلىرىدىن،
دېڭىز-ئوكياندىكى قۇدرەتلىك دولقۇنلاردىن،
ئۈستۈن تۇرغان پەرۋەردىگار قۇدرەتلىكتۇر!
5 سىنىڭ ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭ نىمىدېگەن ئىشەنچلىكتۇر!
كۆنلەر يوق بولغۇچە، ئى پەرۋەردىگار،
ئۆيۈڭگە پاك-مۇقەددەسلىك ئەبەدىلئەبەد راۋادۇر.

## 94-كۈي
## ئىنتىقام ئالغۇچى خۇدا ئادىل سوتلىسۇن!

94 1 ئى ئىنتىقاملار ئالغۇچى تەڭرى، پەرۋەردىگار!
ئى ئىنتىقاملار ئالغۇچى تەڭرى، پارلىغايسەن!
2 كۆتۈرۈلگىن، ئۆزۈڭنى كۆتۈرگىن، ئى جاھاننى سوراق قىلغۇچى،
مەغرۇرلارغا جازاسىنى بەرگىن!
3 قاچانغىچە رەزىللەر، ئى پەرۋەردىگار،
قاچانغىچە رەزىللەر تەنتەنە قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ؟
4 قاچانغىچە ھاكاۋۇرلارچە سۆزلەپ ۋالاقشىيدۇ،
قەبىھلىك قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يوغان گەپ قىلىپ يۈرىدۇ؟
5 ئۇلار خەلقىڭنى ئېزىدۇ، ئى پەرۋەردىگار،
سىنىڭ مىراسىڭغا جەبىر-جاپا سالماقتا.
6 تۇل ئايال ۋە غېرىب-مۇساپىرلارنى قىرىپ،

---

4:93 «دېڭىز-ئوكياندىكى قۇدرەتلىك دولقۇنلار» — «دولقۇنلار» ئىبرانىي تىلدا «چېقىۋەتكۈچىلەر».

يېتىم-يېسىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ: ــ
7 «ياھ كۆرمەيدۇ»،
«ياقۇپنىڭ خۇداسى كۆڭۈل بۆلمەيدۇ»، ــ دەيدۇ.
8 سىلەر كۆڭۈل قويۇڭلار، ئى ئەلنىڭ ھاماقەتلىرى!
ئەخمەقلەر، قاچان دانا بولىسىلەر؟
9 قۇلاقنى تىكلىگۈچىنىڭ ئۆزى ئاڭلىمامدۇ؟
كۆزنى ياسىغۇچىنىڭ ئۆزى كۆرمەمدۇ؟
10 ئەللەرنى تەربىيىلىگۈچى،
ئىنسانغا ئەقىل-بىلىم ئۆگەتكۈچىنىڭ ئۆزى ئادەمنى ئەيىبلىمەمدۇ؟
11 پەرۋەردىگار ئىنساننىڭ ئوي-خىياللىرىنىڭ تۇتامى يوقلۇقىنى
بىلىدۇ.

12 سەن تەربىيىلىگەن ئادەم بەختلىكتۇر، ئى ياھ،
يەنى سەن تەۋرات-قانۇنۇڭدىن ئەقىل ئۆگەتىدىغان كىشى بەختلىكتۇر!
13 شۇنداق قىلىپ، تاكى پاسىقلار ئۈچۈن ئورەك كولانغۇچە ــ
سەن ئۇنى يامان كۈنلەردىن خاتىرجەم ساقلايسەن.
14 چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى تەرك ئەتمەيدۇ،
ياكى ئۆز مىراسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.
15 چۈنكى ھۆكۈم-پەرمان ھوقۇقى ھامان ئادالەتكە قايتىدۇ،
بارلىق دىلى دۇرۇسلار بولسا، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ.
16 مەن ئۈچۈن يامانلار بىلەن قارشىلىششقا كىم ئورنىدىن تۇرىدۇ؟

**7:94** زەب. 10:13،11؛ 7:59
**8:94** زەب. 6:92؛ پەند. 1:12
**9:94** مىس. 11:4
**11:94** 1كور. 20:3
**14:94** 1سام. 22:12؛ رىم. 1:11، 2
15:94 **«چۈنكى ھۆكۈم-پەرمان ھوقۇقى ھامان ئادالەتكە قايتىدۇ، بارلىق دىلى دۇرۇسلار بولسا، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ.»** ــ دېمەك، ئادىل پادىشاھ-ئەمىرلەر يەنە ھوقۇق تۇتىدۇ، ياكى ھازىر ھوقۇق تۇتۇۋاتقان پادىشاھ توۋا قىلىدۇ؛ ئاندىن دۇرۇس ئادەملەر ئۇلارنى قوللايدۇ.

مەن ئۈچۈن قەبىھلىك قىلغۇچىلار بىلەن قارشىلىشىشقا كىم
مەيدانغا چىقىدۇ؟
17 ئەگەر پەرۋەردىگار ماڭا ياردەمدە بولمىغان بولسا،
جېنىم بالدۇر چىقىپ سۈكۈت دىيارىدا ياتار ئىدى.
18 ئايىغىم پۇتلىشاي دېگىنىدە،
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ، ئى پەرۋەردىگار، مېنى يۆلىدى.
19 ئىچىمدىكى كۆپلىگەن غەم-ئەندىشىلەر ئارىسىدا،
سېنىڭ تەسەللىلىرىڭ جېنىمنى سۆيۈندۈردى.
20 ئىنساپسىزلىقنى قانۇنغا ئايلاندۇرىدىغان،
ئاچ كۆز ئولتۇرغان بىر تەخت،
سەن بىلەن ئالاقىدە بولامدۇ؟
21 ئۇلار ھەققانىيلارنىڭ جېنىغا ھۇجۇم قىلىشقا يىغىلىدۇ،
بىگۇناھ قاننى تۆكىدىغان ھۆكۈملەرنى چىقارماقتا.
22 بىراق پەرۋەردىگار مېنىڭ ئېگىز قورغىنىم بولىدۇ؛
ھە، مېنىڭ خۇدايىم پاناھ قورام تېشىمدۇر.
23 ئۇ ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى ئۆز بېشىغا سالىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئۆز ياۋۇزلۇقلىرى بىلەن ئۇلارنى ئۇزۇپ تاشلايدۇ،
بەرھەق، پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۇلارنى ئۇزۇپ تاشلار.

## 95-كۈي
## ھەقىقىي ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئاڭلاش كېرەك

95 1 كېلىڭلار، پەرۋەردىگارنى ياڭرىتىپ كۈيلەيلى،
نىجاتلىقىمىز بولغان قورام تېشىمىزغا تەنتەنە قىلايلى!
2 تەشەككۈرلەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەيلى،
ئۇنىڭغا كۈيلەر بىلەن تەنتەنە قىلايلى!

---

17:94 «سۈكۈت دىيارى» ــ ئۆلۈمنى كۆرسىتىدۇ.

3 چۈنكى پەرۋەردىگار ــ بۈيۈك بىر ئىلاھتۇر،
پۈتكۈل ئىلاھلار ئۈستىدىكى بۈيۈك بىر پادىشاھتۇر.
4 يەرنىڭ تەگلىرى ئۇنىڭ قولىدىدۇر،
تاغلارنىڭ چوققىلىرىمۇ ئۇنىڭكىدۇر.
5 دېڭىز ئۇنىڭكى، ئۇ ئۇنى ياراتقان؛
قۇرۇقلۇقنى ئۇنىڭ قوللىرى شەكىللەندۈردى.
6 كېلىڭلار، ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلايلى،
پەرۋەردىگار ياراتقۇچىمىز ئالدىدا تىز پۈكەيلى!
7 چۈنكى ئۇ بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر،
بىز بولساق ئۇنىڭ يايلىقىدىكى خەلق،
ئۇنىڭ قولى باقىدىغان قويلارمىز.
بۈگۈن، ئەگەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار،
8 ئەينى چاغلاردا مەرىباھدا بولغاندەك، چۆل-باياۋاندىكى ماسساھدا
بولغان كۈندەك،
يۈرىكىڭلارنى جاھىل قىلماڭلار!
9 مانا شۇ يەردە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مېنى سىنىدى، ئىسپاتلىدى ھەم
قىلغىنىمنى كۆردى.
10 مەن قىرىق يىل شۇ دەۋردىن بىزار بولۇپ: ــ

---

3:95 «... پەرۋەردىگار ــــ بۈيۈك بىر ئىلاھتۇر، پۈتكۈل ئىلاھلار ئۈستىدىكى بۈيۈك بىر پادىشاھتۇر» ــ بۇ ئايەتتىكى «ئىلاھلار»: (1) تائىپىلار چوقۇنىدىغان بۇتلارنى (ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرغان جىن-شەيتانلارنى ــ «زەب.» 96:4-5، «1كور.» 8:4-6 ۋە 10:19-21نى كۆرۈڭ) ياكى (2) خۇدانىڭ سۆزىگە مەسئۇل بولغان ئىسرائىل ھاكىملىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

7:95 زەب. 3:100؛ ئىبر. 7:3

8:95 «ئەينى چاغلاردا مەرىباھدا بولغاندەك، چۆل-باياۋاندىكى ماسساھدا بولغان كۈندەك، يۈرىكىڭلارنى جاھىل قىلماڭلار!» ــ «مەرىباھ» ۋە «ماسساھ» دېگەن جايلاردا ئىسرائىللار خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، مۇسا پەيغەمبەرگە قارشى ئىسيان-ئاسيلىق كۆتۈرگەن. بۇ ۋەقەلەر «مىس.» 17-باب، «چۆل.» 20-بابتا خاتىرىلەنگەن.

8:95 مىس. 7:17؛ چۆل. 13:20،3،1؛ قان. 16:6

9:95 ئىبر. 9:3

«بۇلار كۆڭلىدە ئاداشقان بىر خەلقتۇر،
مېنىڭ يوللىرىمنى ھېچ بىلىپ يەتمىگەن» ــ دېدىم.
11 شۇڭا مەن غەزەپلىنىپ قەسەم ئىچىپ: ــ
«ئۇلار ھەرگىز مېنىڭ ئارامگاھىمغا كىرمەيدۇ» ــ دېدىم.

## 96-كۈي
## ئالەم ئىگىسى كېلىدۇ!

96 1 پەرۋەردىگارغا ئاتاپ يېڭى ناخشا ئېيتىڭلار!
پۈتكۈل يەر يۈزى، پەرۋەردىگارنى كۈيلەڭلار!
2 پەرۋەردىگارغا ناخشا ئېيتىڭلار، نامىغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار،
نىجاتلىقىنى ھەر كۈنى ئېلان قىلىڭلار!
3 ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىنى ئەللەر ئارىسىدا،
ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى بارلىق خەلقلەر ئارىسىدا جاكارلاڭلار!
4 چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلۇغ، زور مەدھىيىلەرگە لايىقتۇر!
ئۇ بارلىق ئىلاھلاردىن ئۈستۈن، ئۇنىڭدىن قورقۇش كېرەكتۇر؛
5 چۈنكى بارلىق خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرى ــ بۇتلار خالاس،
بىراق پەرۋەردىگار ئاسمان-پەلەكنى ياراتقاندۇر.

---

**10:95** ئىبر. 17:3
**11:95** **«ئۇلار ھەرگىز مېنىڭ ئارامگاھىمغا كىرمەيدۇ»** ــ «مېنىڭ ئارامگاھىم» (1) خۇدا ئىسرائىللارغا ۋەدە بەرگەن قانائان (پەلەستىن) زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ. مىسىردىن چىقىپ چۆل-باياۋاندا قىرىق يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن شۇ دەۋردە ئىسرائىللار ئىتائەتسىزلىك قىلىپ ئۇ زېمىنغا كىرمىگەن. (2) «ئارامگاھ» پەقەت زېمىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە خۇدانىڭ پاناھى، يېتەكچىلىكى ھەم شەپقىتى ئاستىدا ياشاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئىنجىل، «ئىبرانىيلارغا»، 4-بابنىمۇ كۆرۈڭ).
**1:96** 1تار. 16:23-33
**4:96** **«ئۇنىڭدىن قورقۇش كېرەكتۇر»** ــ ياكى «ئۇ دەھشەتلىك-قورقۇنچلۇقتۇر».
**5:96** **«... بارلىق خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرى ــ بۇتلار خالاس»** ــ «بۇتلار» ئىبرانىي تىلىدا «ئەرزىمەسلەر».

6 شانۇ-شەۋكەت ۋە ھەيۋەت ئۇنىڭ ئالدىدا،
مۇقەددەس جايىدا قۇدرەت ۋە گۈزەللىك كۆرۈنىدۇ.
7 پەرۋەردىگارغا تەئەللۇقىنى بەرگەيسىلەر، ئى ئەل-قەبىلىلەر،
پەرۋەردىگارغا شان-شۆھرەت ۋە قۇدرەتنى بەرگەيسىلەر!
8 پەرۋەردىگارغا ئۆز نامىغا لايىق شان-شۆھرەتنى بەرگەيسىلەر؛
سوۋغا-سالام ئېلىپ ھويلىلىرىغا كىرىڭلار!
9 پەرۋەردىگارغا پاك-مۇقەددەسلىكىنىڭ گۈزەللىكىدە سەجدە قىلىڭلار؛
پۈتكۈل يەر-يۈزى، ئۇنىڭ ئالدىدا تىترەڭلار!
10 ئەللەر ئارىسىدا ئېلان قىلىڭلار: —
«پەرۋەردىگار ھۆكۈم سۈرىدۇ!
شۇڭا مانا، دۇنيا مەزمۇت قىلىنغان، ئۇ تەۋرەنمەس ئەسلا.
ئۇ ئادىللىق بىلەن خەلقلەر ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.
11 ئاسمانلار شادلانسۇن، يەر-جاھان خۇش بولسۇن،
دېڭىز-ئوكيان ۋە ئۇنىڭغا تولغان ھەممە چۇقان سېلىپ جۇش ئۇرسۇن!
12 13 دالالار ھەم ئۇلاردىكى ھەممە يايرىسۇن!
ئۇ چاغدا ئورماندىكى پۈتكۈل دەرەخلەر پەرۋەردىگار ئالدىدا ياڭرىتىپ ناخشا ئېيتىدۇ؛
چۈنكى مانا، ئۇ كېلىدۇ!
ئۇ جاھاننى سوراق قىلىشقا كېلىدۇ؛
ئۇ ئالەمنى ئادىللىق بىلەن،
خەلقلەرنى ئۆز ھەقىقەت-ساداقىتىدە سوراق قىلىدۇ.

---

7:96 **«پەرۋەردىگارغا شان-شۆھرەت ۋە قۇدرەتنى بەرگەيسىلەر!»** — مۇشۇ سۆزلەر بەلكىم شۇنى بىلدۈرىدۇكى، خۇداغا ئۆزىگە لايىق شان-شەرەپ كەلتۈرسەك، بۇ قىلغىنىمىز ئۇنىڭغا بىز ئارقىلىق ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى تېخىمۇ كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ.

9:96 **«... پاك-مۇقەددەسلىكىنىڭ گۈزەللىكىدە سەجدە قىلىڭلار»** — ياكى «... پاك-مۇقەددەس ئېگىنلەرنى كىيىپ سەجدە قىلىڭلار».

**9:96** زەب. 2:29

**12:96 13** زەب. 98:7-8؛ ۋەھ. 11:19

## 97-كۈي
## پەرۋەردىگارنىڭ سەلتەنىتى كېلىدۇ!

97 [1] پەرۋەردىگار ھۆكۈم سۈرىدۇ!
يەر-زېمىن خۇش بولسۇن،
كۆپلىگەن ئاراللار شادلانسۇن!
[2] بۇلۇتلار ۋە قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئەتراپىدىدۇر،
ھەققانىيەت ۋە ئادالەت تەختىنىڭ ئۇلىدۇر؛
[3] ئۇنىڭ ئالدىدا ئوت يالقۇنى يۈرىدۇ،
ئەتراپتىكى دۈشمەنلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ؛
[4] ئۇنىڭ چاقماقلىرى جاھاننى يورۇتتى،
يەر بۇنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى؛
[5] پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا،
پۈتكۈل زېمىننىڭ ئىگىسىنىڭ ئالدىدا،
تاغلار مومدەك ئېرىپ كېتىدۇ.
[6] ئاسمانلار ئۇنىڭ ھەققانىيىتىنى جاكارلايدۇ،
بارلىق خەلقلەر ئۇنىڭ شان-شەرىپىنى كۆرىدۇ.
[7] ئويما ھەيكەللەرگە چوقۇنغانلار،
بۇتلار بىلەن ماختىنىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇياتتا قالىدۇ.
بارلىق ئىلاھلار، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار!

[8] سىئوننىڭ ھۆكۈملىرىڭ سەۋەبىدىن، ئى پەرۋەردىگار،
زىئون ئاڭلاپ شادلاندى،

---

**1:97** زەب. 1:93؛ 10:96

**4:97** زەب. 77:16-18؛ ۋەھ. 5:4

**6:97** زەب. 1:19؛ 6:50

7:97 **«ئويما ھەيكەللەرگە چوقۇنغانلار، بۇتلار بىلەن ماختىنىپ يۈرگۈچىلەر...»** — «بۇتلار» ئىبرانيي تىلدا «ئەرزىمەسلەر». **«بارلىق ئىلاھلار، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار!»** — «ئىلاھلار» بۇ يەردە، شۇنداقلا 86-، 95-، 96- ۋە 97-كۈيدە كۆرسىتىلگەندەك، پەرىشتىلەرنى، ياكى بولمىسا بۇتلارنىڭ كەينىدىكى جىن-شەيتانلارنى كۆرسىتىدۇ. 3:94 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

يەھۇدا قىزلىرى خۇش بولدى.
[9] چۈنكى سەن پەرۋەردىگار پۈتكۈل يەر يۈزى ئۈستىدىكى ئەڭ ئالىيسىدۇرسەن؛
سەن بارلىق ئىلاھلاردىن نەقەدەر يۇقىرىدۇرسەن!
[10] پەرۋەردىگارنى سۆيگەنلەر، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىڭلار!
ئۇ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ جېنىدىن خەۋەر ئالىدۇ،
رەزىللەرنىڭ چاڭگىلىدىن خالاس قىلىدۇ.
[11] ھەققانىيلار ئۈچۈن نۇر،
دىلى دۇرۇسلار ئۈچۈن شادلىق تېرىلغاندۇر؛
[12] پەرۋەردىگاردىن شادلىنىڭلار، ئى ھەققانىيلار،
ئۇنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىنى ياد ئېتىپ تەشەككۇر ئېيتىڭلار!

## 98-كۈي

## پەرۋەردىگار پۈتكۈل دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا كېلىدۇ!

98 [1] داۋۇت يازغان كۈي: —

پەرۋەردىگارغا ئاتاپ يېڭى ناخشا ئېيتىڭلار؛
چۈنكى ئۇ كارامەت مۆجىزىلەرنى ياراتتى؛
ئۇنىڭ ئوڭ قولى ھەم مۇقەددەس بىلىكى
ئۆزىگە زەپەر-نىجات كەلتۈردى.
[2] پەرۋەردىگار ئۆز نىجاتلىقىنى ئايان قىلدى؛
ھەققانىيىتىنى ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارا كۆرسەتتى.
[3] ئۇ ئىسرائىل جەمەتىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى ھەم ھەقىقەت-
ساداقىتىنى ئېسىگە ئالدى،
زېمىننىڭ چەت-ياقىلىرىمۇ خۇدايىمىزنىڭ نىجاتلىقىنى كۆردى.

---

10:97 ئام. 5:15؛ رىم. 9:12

4 پەرۋەردىگارغا ئاۋازىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، پۈتكۈل يەر يۈزى؛
تەنتەنە قىلىپ ئاۋازىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، ناخشا ئېيتىڭلار!
5 پەرۋەردىگارغا چىلتار چېلىپ ناخشا ئېيتىڭلار،
چىلتار بىلەن، كۈيىنىڭ ساداسى بىلەن!
6 كاناي ھەم سۇناي ئاۋازلىرى بىلەن،
پادىشاھ بولغان پەرۋەردىگار ئالدىدا تەنتەنە قىلىڭلار؛
7 دېڭىز-ئوكيان ھەم ئۇنىڭغا تولغان ھەممە جۇش ئۇرۇپ،
جاھان ھەم ئۇنىڭدا ياشاۋاتقانلار شاۋقۇنلىسۇن!
8 كەلكۈن-تاشقىنلار چاۋاك چالسۇن؛
پەرۋەردىگار ئالدىدا تاغلار قوشۇلۇپ تەنتەنە قىلىپ ناخشا ئېيتسۇن؛
9 چۈنكى مانا، ئۇ يەرنى سوراق قىلىشقا كېلىدۇ؛
ئۇ ئالەمنى ئادىللىق بىلەن،
خەلقلەرنى ئۆز ھەققەت-ساداقىتىدە سوراق قىلىدۇ.

## 99-كۈي
## مۇقەددەس خۇداغا مەدھىيە

99 1 پەرۋەردىگار ھۆكۈم سۈرىدۇ!
خەلقلەر تىترىسۇن!
ئۇ كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدۇ؛
يەر-جاھان زىلزىلىگە كەلسۇن!
2 پەرۋەردىگار زىئوندا بۈيۈكتۇر،
ئۇ بارلىق خەلقلەر ئۈستىدە تۇرىدىغان ئالىيدۇر.
3 ئۇلار ئۇلۇغ ۋە سۈرلۈك نامىڭنى مەدھىيىلەيدۇ؛
ئۇ پاك-مۇقەددەستۇر!
4 پادىشاھنىڭ قۇدرىتى ئادالەتكە بېغىشلانغاندۇر؛
ئۆزۈڭ دۇرۇسلۇقنى مەھكەم ئورناتقانسەن؛
سەن ياقۇپ ئارىسىدا ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يۈرگۈزگەن.

5 پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنى ئۇلۇغلاڭلار!
تەختىپەرى ئالدىدا ئېگىلىپ سەجدە قىلىڭلار ــ
ئۇ مۇقەددەستۇر!
6 ئۇنىڭ كاھىنلىرى ئارىسىدا مۇسا ۋە ھارۇن بار ئىدى،
نامىنى چاقىرغانلار ئىچىدە سامۇئىلمۇ ھازىر ئىدى؛
ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىپ، چاقىردى،
ئۇ ئۇلارغا جاۋاب بەردى.
7 خۇدا بۇلۇت تۈۋرۈكىدە ئۇلارغا سۆزلىدى؛
ئۇلار ئۇ تاپشۇرغان ئاگاھ-گۇۋاھلىقلارغا ھەم نىزام-بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىشاتتى.
8 ئى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، سەن ئۇلارغا جاۋاب بەردىڭ؛
يامان قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بەرگەن بولساڭمۇ،
سەن ئۇلارنى كەچۈرگۈچى ئىلاھ ئىدىڭ.
9 پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنى ئۇلۇغلاڭلار!
ئۇنىڭ مۇقەددەس تېغىدا ئېگىلىپ سەجدە قىلىڭلار!
چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز مۇقەددەستۇر!

## 100-كۈي

## پۈتكۈل يەر يۈزى پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ياڭرىتىڭلار!

100 1 تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن يېزىلغان كۈي: ــ
ئى پۈتكۈل يەر-جاھان، پەرۋەردىگارغا ئاۋازىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار!
2 خۇشاللىق بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار،
ھۇزۇرىغا تەنتەنە-ناخشىلار بىلەن يېقىنلىشىڭلار!
3 بىلىپ قويۇڭلاركى، پەرۋەردىگار ھەق خۇدادۇر؛
بىزنى ياراتقان ئۇنىڭ ئۆزىدۇر، بىز ئەمەس!
بىز ئۇنىڭ خەلقىدۇرمىز،

ئۆز يايلىقىدا باققان قويلىرىدۇرمىز.
4 دەرۋازىلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىشلار بىلەن،
ھويلىلىرىغا مەدھىيەلەر بىلەن كىرىڭلار؛
ئۇنى مەدھىيىلەپ، نامىغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار!
5 چۈنكى پەرۋەردىگار مېھرىباندۇر؛
ئۇنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى ئەبەدىلئەبەدگىچە،
ئۇنىڭ ھەقىقەت-ساداقىتى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچىدۇر!

## 101-كۈي
## ئادىل پادىشاھ بولۇشقا بەل باغلاش

101 1 داۋۇت يازغان كۈي: —
مەن ئۆزگەرمەس مۇھەببەت ھەم ئادالەت توغرۇلۇق ناخشا ئېيتىمەن،
سېنى، ئى پەرۋەردىگار، ناخشىلار بىلەن كۈيلەيمەن.
2 مەن مۇكەممەل يولدا ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرىمەن؛
سەن قاچانمۇ يېنىمغا كېلىسەن!؟
ئۆز ئۆي-ئوردامدا ساپ كۆڭۈل بىلەن يۈرىمەن.
3 ھېچ پاسىق نەرسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمەيمەن،
يولدىن چەتنىگەنلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا نەپرەتلىنىمەن؛
بۇنداقلار ماڭا ھېچ يېپىشماس ئەسلا.
4 ئەگرى كۆڭۈل مېنىڭدىن يىراق كېتىدۇ،
ھېچ رەزىللىكنى تونۇغۇم يوقتۇر.
5 كىمكى ئۆز يېقىنىنىڭ كەينىدىن تۆھمەت قىلغان بولسا،
مەن ئۇنى يوقىتىمەن؛

3:100 **«بىزنى ياراتقان ئۇنىڭ ئۆزىدۇر، بىز ئەمەس!»** — يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ بىزنى ياراتقان، بىز ئۇنىڭكىدۇرمىز».
**3:100** زەب. 6:95-7؛ ئەز. 30:34، 31

نەزىرى ئۈستۈن، دىلى تەكەببۇر ئادەمنى مەن سىغدۇرمايمەن؛
6 كۆزلىرىم زېمىندىكى مۆمىنلەردىدۇر،
ئۇلار ئۆردامدا مەن بىلەن بىللە تۇرسۇن!
كىم مۆكەممەل يولدا ماڭسا، ئۇ مېنىڭ خىزمىتىمدە بولىدۇ.
7 ئالدامچىلىق يۈرگۈزگەنلەرنىڭ ئۆي-ئۆردامدا ئورنى بولمايدۇ،
يالغان سۆزلىگەنلەر كۆز ئالدىمدا تۇرمايدۇ.
8 پەرۋەردىگارنىڭ شەھرىدىن يامانلىق قىلغۇچىلارنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن،
ھەر سەھەردە زېمىندىكى بارلىق رەزىل ئادەملەرنى يوقىتىمەن.

## 102-كۈي

102 1 ئېزىلگەننىڭ دۇئاسى: ئۇ ھالىدىن كەتكەندە، داد-پەريادىنى پەرۋەردىگار ئالدىغا تۆككەندە: —

دۇئايىمنى ئاڭلىغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
پەريادىم ئالدىڭغا يېتىپ كىرسۇن!
2 يۈزۈڭنى مەندىن قاچۇرمىغايسەن؛
قىسىلغان كۈنۈمدە ماڭا قۇلاق سالغايسەن؛
مەن نىدا قىلغان كۈندە، ماڭا تېز جاۋاب بەرگىن!
3 مانا، كۈنلىرىم ئىس-تۈتەكتەك تۈگەپ كېتىدۇ،
ئۇستىخانلىرىم ئوتۇن-چوغلارغا ئوخشاش كۆيىدى!
4 يۈرىكىم زەخمە يەپ چۆپلەر خازان بولغاندەك قۇرۇپ كەتتى،

---

8:101 **«ھەر سەھەردە زېمىندىكى بارلىق رەزىل ئادەملەرنى يوقىتىمەن»** — دېمەك، داۋۇت ھەر ئەتىگەندە خەلقنىڭ دەۋالىرىنى سوراپ سوت ئاچاتتى. بۇ ئىش مۆكەممەل بولمىغان بولسىمۇ، كەلگۈسىدە داۋۇتنىڭ ئەۋلادى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ بۇنداق ئىشنى مۆكەممەل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. داۋۇتنىڭ شۇنداق ئادىل سوراق قىلىشى مەسىھنىڭ كەلگۈسىدىكى سوراق قىلىشىغا بېشارەت بولىدۇ.
3:102 زەب. 20:37

ھەتتا نېنىمنى يېيىشنى ئۇنتۇدۇم.
5 مەن ئاھۇ-زار تارتقانلىقىمدىن،
ئەتلىرىم سۆڭەكلىرىمگە چاپلىشىپ قالدى.
6 چۆل-باياۋاندىكى ساقىيقۇشتەك،
ۋەيرانچىلىقتا قونۇپ يۈرگەن ھۇۋقۇشقا ئوخشايمەن.
7 ئۇخلىماي سەگەك تۇرۇپ كۆزەتتىمەن؛
ئۆگزىدە يالغۇز قالغان قۇشقاچ كەبىمەن.
8 دۈشمەنلىرىم كۈن بويى مېنى مەسخىرە قىلماقتا،
مېنى ھاقارەتلىگەنلەر ئىسمىمنى لەنەت ئورنىدا ئىشلەتمەكتە.
9-10 قەھرىڭ ھەم ئاچچىقىڭ تۈپەيلىدىن،
كۈلنى نان دەپ يەۋاتىمەن،
ئىچىملىكىمنى كۆز يېشىم بىلەن ئارىلاشتۇرىمەن؛
چۈنكى سەن مېنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن يەرگە ئۇردۇڭ.
11 كۈنلىرىم قۇياش ئۇزارتقان كۆلەڭگىدەك يوقۇلاي دەپ قالدى،
ئۆزۈم بولسام چۆپلەر خازان بولغاندەك قۇرۇپ كەتتىم.
12 لېكىن سەن، پەرۋەردىگار، ئەبەدىي تۇرىسەن،
سېنىڭ نام-شۆھرىتىڭ دەۋردىن-دەۋرگىچىدۇر.
13 سەن ئورنۇڭدىن تۇرىسەن،
زىئونغا رەھىم قىلىسەن؛
چۈنكى ئۇنىڭغا شەپقەت كۆرسىتىش ۋاقتى كەلدى،
ھە، ۋاقىت-سائىتى يېتىپ كەلدى!
14 چۈنكى قۇللىرىڭ ئۇنىڭ تاشلىرىدىن خۇرسەنلىك تاپىدۇ،
ھەم تۇپرىقىغىمۇ ئىچىنى ئاغرىتىدۇ؛
15 ئەللەر پەرۋەردىگارنىڭ نامىدىن،
يەر يۈزىدىكى شاھلار شان-شەرىپىڭدىن ئەيمىنىدۇ.
16 مانا، پەرۋەردىگار زىئوننى قايتىدىن قۇرغاندا،

11:102 **«كۈنلىرىم قۇياش ئۇزارتقان كۆلەڭگىدەك يوقۇلاي دەپ قالدى»** — «قۇياش ئۇزارتقان كۆلەڭگىدەك» — قۇياش پاتقاندا، كۆلەڭگىلەر ئۇزراپ، ئاندىن تۇيۇقسىز غايىپ بولىدۇ.

ئۇ ئۆز شان-شەرىپىدە كۆرۈنىدۇ!
17 ئۇ غېرىب-مىسكىنىنىڭ دۇئاسىغا ئېتىبار بېرىدۇ؛
ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ھەرگىز كەمسىتمەيدۇ.
18 بۇلار كەلگۈسى بىر ئەۋلاد ئۈچۈن خاتىرىلىنىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىدە يارىتىلىدىغان بىر خەلق ياھنى مەدھىيەلەيدۇ؛
20-19 چۈنكى ئۇ ئەسىرلەرنىڭ ئاھ-زارلىرىنى ئاڭلاي دەپ،
ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلارنى ئازاد قىلاي دەپ،
ئېگىزدىكى مۇقەددەس جايىدىن ئېڭىشىپ نەزەر سالدى،
ئەرشلەردىن پەرۋەردىگار يەرگە قارىدى؛
22-21 شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە بولايلى دېگەندە،
يەنى ئەل-مەملىكەتلەر جەم يىغىلغان ۋاقىتتا —
پەرۋەردىگارنىڭ نامى زىئوندا،
ئۇنىڭ شەرەپلىرى يېرۇسالېمدا جاكارلىنىدۇ!

23 بىراق ئۇ مېنى يولدا ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ، كۈنلىرىمنى قىسقارتتى.
24 مەن: «تەڭرىم، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىدا مېنى ئېلىپ كەتمە!» — دېدىم.
«سېنىڭ يىللىرىڭ دەۋردىن دەۋرگىچىدۇر،

18:102 «**بۇلار كەلگۈسى بىر ئەۋلاد ئۈچۈن خاتىرىلىنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىدە يارىتىلىدىغان بىر خەلق ياھنى مەدھىيەلەيدۇ**» — «زەب.» 22:30-31نى، «يەش.» 10:53نى كۆرۈڭ.

24:102 «**سېنىڭ يىللىرىڭ دەۋردىن دەۋرگىچىدۇر...**» — 24-28-ئايەتلەردىكى سۆزلەرنى («سېنىڭ يىللىرىڭ...» دېگەن سۆزلەردىن باشلاپ) خۇدانىڭ قۇلىنىڭ خۇداغا ئېيتقىنى ئەمەس، بەلكى **خۇدانىڭ ئۆز قۇلىنىڭ ئىلتىجاسىغا بەرگەن جاۋابى** دەپ قارايمىز. ئايەتلەرنىڭ باغلىنىش جەھەتلىرىدىن شۇنداق قارىدۇق. كونا گرېكچە تەرجىمىسىدىكى (LXXدىكى) قاراشمۇ شۇنداق. شۇڭا بۇ سۆزلەر داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان مەسىھكە ئېيتىلغان، دەپ قارايمىز. ئىنجىل، «ئىبر.» 1-بابنىمۇ كۆرۈڭ.
—(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە، گرېك ئىمپېرىيەسىدە تارىلىپ كەتكەن كۆپ يەھۇدىيلار ئىبرانىي تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇلار تەۋراتنى ئوقۇيالمىغاچقا، شۇ چاغدا ئۇلارنى دەپ، تەۋراتنىڭ بىر گرېكچە تەرجىمىسى ئىشلەنگەن. بۇ تەرجىمە «سەپتۇئاگىنت» دېيىلىدۇ («قىسقىچە «LXX»)).

25 سەن يەرنى ئەلمىساقتىنلا بەرپا قىلغانسەن،
ئاسمانلارنى ھەم قوللىرىڭ ياسىغاندۇر؛
26 ئۇلار يوق بولۇپ كېتىدۇ،
بىراق سەن داۋاملىق تۇرۇۋېرىسەن؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىيىمدەك كونىراپ كېتىدۇ؛
ئۇلارنى كونا تون كەبى ئالماشتۇرساڭ،
شۇندا ئۇلار كىيىم-كېچەك يەڭگۈشلەنگەندەك يەڭگۈشلىنىدۇ.
27 بىراق سەن ئۆزگەرمىگۈچىدۇرسەن،
يىللىرىڭنىڭ تامامى يوقتۇر.
28 قۇللىرىڭنىڭ باللىرىمۇ تۇرۇۋېرىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ھۇزۇرىڭدا مەزمۇت ياشايدۇ!».

## 103-كۈي
## «خۇدانىڭ مېھرىبانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىش»

103
1 داۋۇت يازغان كۈي: —
پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر قايتۇر، ئى جېنىم؛
ئى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم، ئۇنىڭ مۇقەددەس نامىغا تەشەككۈر قايتۇر!
2 پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر قايتۇر، ئى جېنىم،
ئۇنتۇما ئۇنىڭ بارلىق مېھرىبانلىق-بەرىكەتلىرىنى؛
3 ئۇ پۈتكۈل قەبىھلىكلىرىڭنى كەچۈرىدۇ،
بارلىق كېسەللىرىڭگە داۋا قىلىدۇ؛
4 ھاياتىڭنى ھاڭدىن ھۆرلۈككە قۇتقۇزىدۇ،
بېشىڭغا مېھىر-مۇھەببەت ھەم رەھىمدىللىقلارنى تاج قىلىپ كىيگۈزىدۇ.
5 كۆڭلۈڭنى نازۇنېمەتلەر بىلەن قاندۇرىدۇ؛

ياشلىقىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك يېڭىلىنىدۇ.
6 پەرۋەردىگار بارلىق ئېزىلگەنلەر ئۈچۈن ھەققانىيلىق ھەم ئادالەتنى
يۈرگۈزىدۇ؛
7 ئۇ ئۆز يوللىرىنى مۇساغا،
قىلغانلىرىنى ئىسرائىللارغا نامايان قىلغان.
8 پەرۋەردىگار رەھىمدىل ۋە شەپقەتلىكتۇر،
ئۇ ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايدۇ،
ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى تېشىپ تۇرىدۇ.
9 ئۇ ئۆزۈنغىچە ئەيىبلەۋەرمەيدۇ،
ياكى تا مەڭگۈگە غەزىپىدە تۇرىۋەرمەيدۇ.
10 ئۇ بىزگە گۇناھلىرىمىزغا قارىتا مۇئامىلىدە بولغان ئەمەس،
بىزگە قەبىھلىكلىرىمىزگە قارىتا تېگىشلىكىنى ياندۇرغان ئەمەس.
11 ئاسمان يەردىن قانچىلىك ئېگىز بولسا،
ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلارغا بولغان مۇھەببىتىمۇ شۇنچىلىك زوردۇر.
12 شەرق غەربتىن قانچىلىك يىراقتا بولسا،
بىزدىكى ئاسىيلىقلارنىمۇ شۇنچە يىراقلاشتۇردى.
13 ئاتا باللىرىغا قانداق كۆيۈنگەن بولسا،
پەرۋەردىگارمۇ ئۆزىدىن قورقىدىغانلارغا شۇنداق مېھرىباندۇر.
14 چۈنكى ئۇ ئۆزى بىزنىڭ جىسمىمىزنى بىلىدۇ،
تۇپراقتىن ئىكەنلىكىمىزنى ئۇ ئېسىگە ئالىدۇ.
15 ئىنسان بولسا ــ ئۇنىڭ كۈنلىرى ئوت-چۆپكە ئوخشايدۇ،
دالادىكى گۈلدەك ئۈنۈپ چىقىپ چېچەكلەيدۇ؛
16 ئۇنىڭ ئۈستىدىن شامال ئۆچۈپ ئۆتىدۇ،

---

5:103 **«كۆكلۈڭنى نازۇنېمەتلەر بىلەن قاندۇرىدۇ»** ــ باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئارىسىدا «يىللىرىڭنى نازۇنېمەتلەر بىلەن قاندۇرىدۇ» دېيىلىدۇ.

**8:103** مىس. 6:34؛ چۆل. 18:14؛ قان. 10:5؛ نەھ. 17:9؛ زەب. 15:86؛ 8:145؛ يەر. 18:32

**9:103** يەش. 16:57؛ يەش. 5:3

**15:103** ئايۇپ 1:14، 2؛ زەب. 5:90، 6؛ ياق. 10:1، 11؛ 1پېت. 24:1

ئۇ يوق بولىدۇ، ئەسلىي ماكانىمۇ ئۇنى قايتا تونۇمايدۇ.
17-18 لېكىن ئۆزىدىن قورقىدىغانلارغا،
ئۆز ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا،
كۆرسەتمىلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۇلارنى ئېسىدە تۇتقانلارغا،
پەرۋەردىگارنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئەزەلدىن ئەبەدگىچە،
ھەققانىيىتى ئەۋلادتىن ئەۋلادلىرىغىچىدۇر.
19 پەرۋەردىگار تەختىنى ئەرشتە قۇرغان،
ئۇنىڭ سەلتەنىتى ھەممىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدۇ؛
20 ئى سۆزىگە قۇلاق سالغۇچى،
كالامىنى ئىجرا قىلغۇچى، قۇدرىتى زور بولغان ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى،
پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار!
21 ئى سىلەر، ئۇنىڭ بارلىق قوشۇنلىرى،
ئىرادىسىنى ئادا قىلغۇچى خىزمەتكارلىرى،
پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار!
22 ئى، ئۇنىڭ بارلىق ياسىغانلىرى،
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بارلىق جايلاردا پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-
مەدھىيە قايتۇرۇڭلار!
ئى مېنىڭ جېنىم، پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر قايتۇر!

## 104-كۈي
## خۇدانىڭ ياراتقانلىقىدىن ھۇزۇرلىنىش

104 1 پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇر، ئى جېنىم!
ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، ئىنتايىن ئۇلۇغسەن؛
شانۇ-شەۋكەت ۋە ھەيۋەت بىلەن كىيىنگەنسەن؛
2 لىباس بىلەن پۈركەنگەندەك يورۇقلۇققا پۈركەنگەنسەن،

17:103-18 قان. 9:7
21:103 يار. 1:32؛ 1پاد. 19:22؛ ئەف. 10:3؛ كول. 16:1

ئاسمانلارنى چېدىر پەردىسى كەبى يايغانسەن.
3 ئۇ يۇقىرىقى راۋاقلىرىنىڭ لىملىرىنى سۇلارغا ئورناتقان،
بۇلۇتلارنى جەڭ هارۋىسى قىلىپ،
شامال قاناتلىرى ئۈستىدە ماڭىدۇ؛
4 ئۇ پەرىشتىلىرىنى شاماللار،
خىزمەتكارلىرىنى ئوت يالقۇنى قىلىدۇ.
5 يەرنى ئۇ ئۇللىرى ئۈستىگە ئورناتقان؛
ئۇ ئەسلا تەۋرىنىپ كەتمەيدۇ.
6 لىباس بىلەن ئورالغاندەك، ئۇنى چوڭقۇر دېڭىزلار بىلەن ئورىغانسەن،
سۇلار تاغلار چوققىلىرى ئۈستىدە تۇردى.
7 سېنىڭ تەنبىھىڭ بىلەن سۇلار بەدەر قاچتى،
گۈلدۈرماماڭنىڭ ساداسىدىن ئۇلار تېزدىنياندى؛
8 تاغلار ئۆرلەپ چىقتى،
ۋادىلار چۈشۈپ كەتتى،
سۇلار سەن بېكىتكەن جايغا چۈشۈپ كەتتى.
9 ئۇلار تېشىپ، يەرنى يەنە قاپلىمىسۇن دەپ،
سەن ئۇلارغا چەكلىمە قويغانسەن.
10 تەڭرى ۋادىلاردا بۇلاقلارنى ئېچىپ ئۇرغۇتىدۇ،

---

**2:104** يار. 6:1؛ ئايۇپ 7:26

**3:104** زەب. 18:10-11؛ يەش. 1:19؛ ۋەھ. 14:14

**4:104** ئىبر. 7:1

**5:104** ئايۇپ 7:26؛ 38:4، 5، 6؛ زەب. 24:1-2؛ 78:69

**6:104** **«لىباس بىلەن ئورالغاندەك، ئۇنى چوڭقۇر دېڭىزلار بىلەن ئورىغانسەن، سۇلار تاغلار چوققىلىرى ئۈستىدە تۇردى»** ــ بۇ ئايەت بەلكىم نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى توپاننى كۆرسىتىدۇ (9-ئايەتنى كۆرۈڭ). بەزى ئالىملار ئۇنى يارىتىلىش جەريانىدىكى ئۈچىنچى كۈننى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**8:104** **«تاغلار ئۆرلەپ چىقتى، ۋادىلار چۈشۈپ كەتتى، سۇلار سەن بېكىتكەن جايغا چۈشۈپ كەتتى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇلار (سۇلار) تاغلارغا چىقىپ، ۋادىلاردىن چۈشۈپ، سەن بېكىتكەن جايغا ئېقىپ كەتتى».

سۈلىرى تاغلار ئارىسىدا ئاقىدۇ.
11 دالادىكى ھەربىر جانىۋارغا ئۇسسۇلۇق بېرىدۇ،
ياۋايى ئېشەكلەر ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدۇ.
12 كۆكتىكى قۇشلار ئۇلارنىڭ بويىدا قونىدۇ،
دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا سايرايدۇ.
13 ئۇ يۇقىرىدىكى راۋاقلىرىدىن تاغلارنى سۇغىرىدۇ؛
يەر سېنىڭ ياسىغانلىرىڭنىڭ مېۋىلىرىدىن قاندۇرۇلىدۇ!
14 ئۇ ماللار ئۈچۈن ئوت-چۆپلەرنى،
ئىنسانلار ئۈچۈن كۆكتاتلارنى ئۆستۈرىدۇ،
شۇنداقلا ناننى يەردىن چىقىرىدۇ؛
15 ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان شارابنى،
ئىنسان يۈزىنى پارقىرىتىدىغان مايىنى چىقىرىدۇ؛
ئىنساننىڭ يۈرىكىگە نان بىلەن قۇۋۋەت بېرىدۇ؛
16 پەرۋەردىگارنىڭ دەرەخلىرى،
يەنى ئۆزى تىككەن لىۋان كېدىر دەرەخلىرى سۇ ئىچىپ قانائەتلىنىدۇ.
17 ئەنە ئاشۇلار ئارىسىغا قۇشلار ئۇۋا ياسايدۇ،
لەيلەك بولسا، ئارچا دەرەخلىرىنى ماكان قىلىدۇ.
18 ئېگىز چوققىلار تاغ ئۆچكىلىرىنىڭ،
تىك يارلار سۇغۇرلارنىڭ پاناھى بولىدۇ.
19 پەسىللەرنى بېكىتمەك ئۈچۈن ئۇ ئاينى ياراتتى،
قۇياش بولسا پېتىشىنى بىلىدۇ.
20 سەن قاراڭغۇلۇق چۈشۈرىسەن، تۈن بولىدۇ؛
ئورماندىكى جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا شىپىر-شىپىر كېزىپ يۈرىدۇ.
21 ئارسلانلار ئولجا ئىزدەپ ھۆركىرەيدۇ،

18:104 **«تىك يارلار سۇغۇرلارنىڭ پاناھى بولىدۇ»** — «سۇغۇرلار» (ياكى «سىچقانلار») كىچىك بىر ھايۋان.

تەڭرىدىن ئوزۇق-تۈلۈك سورىشىدۇ؛
22 قۇياش چىقىپلا، ئۇلار چېكىنىدۇ،
قايتىپ كىرىپ ئۇۋۇلىرىدا ياتىدۇ.
23 ئىنسان بولسا ئۆز ئىشىغا چىقىدۇ،
تا كەچكىچە مېھنەتتە بولىدۇ.
24 ئى پەرۋەردىگار، ياسىغان ھەرخىل نەرسىلىرىڭ نەقەدەر كۆپتۇر!
ھەممىسىنى ھېكمەت بىلەن ياراتقانسەن،
يەر يۈزى ئىجات-بايلىقلىرىڭ بىلەن تولدى.
25 ئەنە بۈيۈك بىپايان دېڭىز تۇرىدۇ!
ئۇنىڭدا سان-ساناقسىز غۇژ-غۇژ جانىۋارلار،
چوڭ ۋە كىچىك ھايۋانلار بار.
26 شۇ يەردە كېمىلەر قاتنايدۇ،
ئۇنىڭدا ئويناقلىسۇن دەپ سەن ياسىغان لېۋىئاتانمۇ بار؛
27 ۋاقتىدا ئوزۇق-تۈلۈك بەرگىن دەپ،
بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قارايدۇ.
28 ئۇلارغا بەرگىنىڭدە، تېرىۋالىدۇ،
قولۇڭنى ئاچقىنىڭدىلا، ئۇلار نازۇنېمەتلەرگە تويىدۇ.
29 يۈزۈڭنى يوشۇرساڭ، ئۇلار دەككە-دۈككىگە چۈشىدۇ،
روھلىرىنى ئالساڭ، ئۇلار جان ئۈزۈپ،
يەنە تۇپراققا قايتىدۇ.
30 روھىڭنى ئەۋەتكىنىڭدە، ئۇلار يارىتىلىدۇ،
يەر-يۈزى يېڭى بىر دەۋر بىلەن ئالمىشىدۇ.
31 پەرۋەردىگارنىڭ شان-شۆھرىتى ئەبەدىيدۇر،

---

**21:104** ئايۇپ 38:39،40؛ يەش. 4:31

**26:104** **«ئۇنىڭدا ئويناقلىسۇن دەپ سەن ياسىغان لېۋىئاتانمۇ بار»** — «لېۋىئاتان» — 14:74-ئايەتتىكى ھەم «ئايۇپ» 1:41-ئايەتتىكى ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

**27:104** زەب. 15:145

**29:104** زەب. 7:30

پەرۋەردىگار ئۆز ياراتقانلىرىدىن خۇرسەن بولىدۇ.
32 ئۇ يەرگە باققىنىدا، يەر تىترەيدۇ،
تاغلارغا تەگكىنىدە، ئۇلار تۈتۈن چىقىرىدۇ.
33 ھاياتلا بولىدىكەنمەن، پەرۋەردىگارغا ناخشا ئېيتىمەن؛
ۋۇجۇدۇم بولسىلا خۇدايىمنى كۈيلەيمەن.
34 ئۇ سۆرگەن ئوي-خىياللىرىمدىن سۆيۈنسە!
پەرۋەردىگاردا خۇشاللىنىمەن!
35 گۇناھكارلار يەر يۈزىدىن تۈگىتىلىدۇ،
رەزىللەر يوق بولىدۇ.
ئى جېنىم، پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇر!
ھەمدۇسانا!

## 105-كۈي

## خۇدا ئىسرائىل خەلقىگە كۆرسەتكەن مۆجىزە ھەم شاپائەتلەرنىڭ تارىخى

105 1 پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
ئۇنىڭ نامىنى چاقىرىپ ئىلتىجا قىلىڭلار،
ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى خەلقلەر ئارىسىدا ئايان قىلىڭلار!
2 ئۇنىڭغا ناخشىلار ئېيتىپ، ئۇنى كۈيلەڭلار؛
ئۇنىڭ پۈتكۈل كارامەت مۆجىزىلىرى ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلىنىڭلار.
3 مۇقەددەس نامىدىن پەخىرلىنىپ داڭلاڭلار،

**33:104** زەب. 4:63؛ 2:146

**35:104** **«ھەمدۇسانا!»** — بۇ يەردە (شۇنداقلا زەبۇرنىڭ باشقا يەرلىرىدە) «ھەمدۇسانا» ئىبرانىي تىلىدىكى «ھاللىلۇياھ»، يەنى «ياھنى مەدھىيىلەڭلار» دېگەن سۆزنى بىلدۈرىدۇ.

**1:105** **«ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ قىلغانلىرىنى خەلقلەر ئارىسىدا ئايان قىلىڭلار!»** — بۇ ئۆلۈغ كۈيدە «يار.» 12-41 بابلار، «مىس.» 1-24 بابلاردىكى تارىخ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**1:105** 1تار. 8:16-22

پەرۋەردىگارنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كۆڭلى شادلانسۇن!
4 پەرۋەردىگارنى ھەمدە ئۇنىڭ كۈچىنى ئىزدەڭلار،
دىدار-ھۇزۇرىنى توختىماي ئىزدەڭلار.
5 ئۇنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىنى،
كارامەت-ئالامەتلىرىنى ھەم ئاغزىدىن چىققان ھۆكۈملىرىنى ئەستە
تۇتۇڭلار،
6 ئى ئۇنىڭ قۇلى ئىبراھىم نەسلى،
ئۆزى تاللىغانلىرى، ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى!
7 ئۇ، پەرۋەردىگار ــ خۇدايىمىز،
ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى پۈتكۈل يەر يۈزىدىدۇر.
8 ئۆزى تۈزگەن ئەھدىسىنى ئەبەدىي يادىدا تۇتىدۇ ــ
بۇ ئۇنىڭ مىڭ ئەۋلادقىچە ۋەدىشلەشكەن سۆزىدۇر، ــ
9 يەنى ئىبراھىم بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى،
ئىسھاققا ئىچكەن قەسىمىدۇر.
10 ئۇ بۇنى ياقۇپقىمۇ نىزام دەپ جەزملەشتۈردى،
ئىسرائىلغا ئەبەدىي ئەھدە قىلىپ بېرىپ: ــ
11 «ساڭا قانائان زېمىنىنى بېرىمەن،
ئۇنى مىراسىڭ بولغان نېسىۋەڭ قىلىمەن»، ــ دېدى،
12 ــ گەرچە شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سانى ئاز،
ئىنتىۋارغا ئېلىنمىغان، شۇ يەردىكى مۇساپىرلار بولسىمۇ.
13 ئۇلار ئۇ يۇرتتىن بۇ يۇرتقا،
بۇ ئەلدىن ئۇ قەبىلىگە كېزىپ يۈردى؛

---

**3:105** زەب. 34:2-3

**10:105** **«ئۇ بۇنى ياقۇپقىمۇ نىزام دەپ جەزملەشتۈردى...»** ــ بۇ يەردە «ياقۇپ» ياقۇپنىڭ ئۆزىنى (ئىسرائىل خەلقى ئەمەس) كۆرسىتىدۇ.

**10:105** يار. 28:13؛ 35:11؛ 1تار. 16:17

**11:105** يار. 13:15؛ 15:18

**12:105** 1تار. 16:19

14 ئۇ ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى ئېزىشىگە يول قويمىدى،
ئۇلارنى دەپ پادىشاھلارغىمۇ تەنبىھ بېرىپ: ــ
15 مەن مەسىھ قىلغانلىرىمغا تەگمە،
پەيغەمبەرلىرىمگە يامان ئىش قىلما! ــ دېدى.
16 ئۇ ئاشۇ يۇرتقا ئاچارچىلىقنى بۇيرۇدى،
تىرەك بولغان ئاش-ناننى قۇرۇتۇۋەتتى.
17 ئۇ ئۇلاردىن بۇرۇن بىر ئادەمنى ئەۋەتكەنىدى،
يۇسۇپ قۇل قىلىپ سېتىلغانىدى.
18 ئۇنىڭ پۇتلىرى زەنجىردە ئاغرىدى،
ئۇنىڭ جېنى تۆمۈرگە كىرىپ قىسىلدى؛
19 شۇنداقلا تا ئۆزىگە ئېيتىلغان ۋەھيي ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئۇنى سىناپ تاۋلىدى؛
20 پىرەۋن ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ ئۇنى بوشاتقۇزدى،
قوۋملارنىڭ ھۆكۈمدارى ئۇنى ھۆرلۈككە چىقاردى.
21 ئۇنى ئۆز ئوردىسىغا غوجىدار قىلىپ قويدى،
پۈتۈن مال-مۈلكىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ،
22 ئۆز ۋەزىرلىرىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ تەربىيىلىنىشكە،

---

**14:105** يار. 5:35

**15:105** **«مەن مەسىھ قىلغانلىرىمغا تەگمە، پەيغەمبەرلىرىمگە يامان ئىش قىلما!» ــ** مەسلەن «يار» 3:20-7.

**16:105** **«ئۇ... تىرەك بولغان ئاش-ناننى قۇرۇتۇۋەتتى»** ــ سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا «ئۇ پۈتۈن نان (ناننى كۆتۈرىدىغان) ھاسىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى». مۇمكىنچىلىكى باركى، قەدىمكى زامانلاردا يەھۇدىي خەلقى ئۆز نانلىرىنى بىر ھاسىدا (زىخىتا تىزىلغاندەك) كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ھەرھالدا ئومۇمىي مەنىسى تەرجىمە قىلغىنىمىزدەك بولسا كېرەك.

**17:105** **«ئۇ ئۇلاردىن بۇرۇن بىر ئادەمنى ئەۋەتكەنىدى»** ــ خۇدا يۇسۇپنى ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە يۇسۇپنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ ئۆزىنى مىسىرلىقلارغا قۇل بولۇشقا سېتىۋېتىشى دەل خۇدانىڭ پىلانى ئىدى؛ شۇڭا «خۇدا يۇسۇپنى ئەۋەتتى» دېگىلى بولىدۇ.

**17:105** يار. 28،36:37؛ 5:45

**19:105** يار. 11-5:37

**21:105** يار. 40:41

**ئاقساقاللىرىغا دانالىق ئۆگىتىشكە تاپشۇردى.**
**23 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل مىسىرغا كەلدى،**
**ياقۇپلار ھامنىڭ زېمىنىدا مۇساپىر بولۇپ ياشىدى.**
**24 پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى كۆپ نەسىللىك قىلىپ،**
**ئەزگۈچىلىرىدىن كۈچلۈك قىلدى.**
**25 ئۇ مىسىرلىقلارنىڭ قەلبىدە ئۆز خەلقىگە نەپرەت ھاسىل قىلدى،**
**ئۇلارنى ئۆز قۇللىرىغا ھىيلە-مىكىرلىك بولۇشقا مايىل قىلدى.**
**26 ئۇ ئۆز قۇلى بولغان مۇسانى،**
**ئۆزىنىڭ تاللىغىنى ھارۇننى يوللىدى.**
**27 ئۇلار مىسىردا ئىلاھىي ئالامەتلەرنى ئايان قىلىپ،**
**ھام زېمىنىدا ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئورناتتى.**
**28 پەرۋەردىگار قاراڭغۇلۇقنى ئەۋەتىپ،**
**زېمىننى زۇلمەتكە قاپلىتىۋەتتى؛**
**مىسىرلىقلار ئۇنىڭ ئەمرىگە قارشى تۇرغان ئەمەسمۇ؟**
**29 ئۇ ئۇلارنىڭ سۇلىرىنى قانغا ئايلاندۇردى،**
**بېلىقلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى.**
**30 ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى مىژ-مىژ پاقىلار باستى،**
**شاھ-ئەمىرلىرىنىڭ ھۇجرىلىرىغىمۇ ئۇلار تولۇپ كەتتى.**
**31 ئۇ بىر سۆز بىلەنلا، غۇژ-غۇژ چىۋىنلار بىسىپ كەلدى؛**

---

23:105 **«شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل مىسىرغا كەلدى، ياقۇپلار ھامنىڭ زېمىنىدا مۇساپىر بولۇپ ياشىدى»** — بۇ ئايەتتە «ئىسرائىل» ھەم «ياقۇپلار» ھەزرىتى ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى (شۇ چاغدا 70چە ئادەم) كۆرسىتىدۇ.

**24:105** مىس. 1:7، 9

**25:105** مىس. 1:12،10،9

**26:105** مىس. 3:10؛ 4:12

**27:105** مىس. 7:9

28:105 **«پەرۋەردىگار قاراڭغۇلۇقنى ئەۋەتىپ، زېمىننى زۇلمەتكە قاپلىتىۋەتتى؛ مىسىرلىقلار ئۇنىڭ ئەمرىگە قارشى تۇرغان ئەمەسمۇ؟»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگار قاراڭغۇلۇقنى ئەۋەتىپ، قاراڭغۇلۇقلار بولسا ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق كۆرسەتمىدى»

ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا غىڭ-غىڭ ئۇچار چۇمۇلىلەر.
32 ئۇ يامغۇرنىڭ ئورنىغا مۆلدۈر ياغدۇرۇپ،
بۇ زېمىنغا يالقۇنلۇق ئوت چۈشۈردى.
33 ئۇ ئۈزۈم تاللىرىنى، ئەنجۈر دەرەخلىرىنى ئۇردى،
زېمىندىكى دەرەخلەرنى سۇندۇرۇۋەتتى.
34 ئۇ بىر سۆز قىلىشى بىلەنلا، چېكەتكىلەر كەلدى،
سانسىز يۇتقۇر ھاشارەتلەر مىژىلداپ،
35 زېمىندا بار بولغان گىياھلارنى يۇتۇۋەتتى،
ئېتىزلارنىڭ بارلىق ھوسۇللىرىنى يەپ تۈگەتتى.
36 ئاخىردا زېمىندىكى بارلىق تۇنجى تۇغۇلغانلارنى،
ئۇلارنىڭ غۇرۇرى بولغان بىرىنچى ئوغۇل باللىرىنى قىرىۋەتتى.
37 ئۆز خەلقىنى بولسا، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى كۆتۈرگۈزۈپ چىقاردى،
قەبىلىلىرىدە بىرسىمۇ يىقىلىپ چۈشۈپ قالغىنى يوق.
38 ئۇلارنىڭ چىققىنىغا مىسىر خۇشال بولدى،
چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسى مىسىرلىقلارغا چۈشتى.
39 ئۇ ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن بولۇشقا،
ئوتنى تۈندە نۇر بولۇشقا بەردى.
40 ئۇلار سورىدى، ئۇ بۆدىنىلەرنى چىقاردى،
ئۇلارنى ساماۋىي نان بىلەن قاندۇردى.
41 ئۇ تاشنى ياردى، سۇلار بۇلدۇقلاپ چىقتى؛
قاقاسلىقتا دەريادەك ئاقتى.
42 چۈنكى ئۇ بەرگەن مۇقەددەس سۆزىنى،
ئۆز قۇلى ئىبراھىمنى ئەستە تۇتتى.
43 ئۇ خەلقىنى شاد-خۇراملىق بىلەن،

---

**36:105** زەب.51:78

**38:105** مىس. 33:12

**42:105** يار. 14:15

ئۆز تاللىغىنىنى شادىيانە تەنتەنىلەر بىلەن ئازادلىققا چىقاردى.
44 ئۇ ئۇلارغا ئەللەرنىڭ زېمىنلىرىنى بېرىپ،
ئۇلارنى خەلقلەرنىڭ ئەجىر-مېھنەتلىرىگە مۇيەسسەر قىلدى،
45 بۇ، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى تۇتۇپ،
قانۇنلىرىغا ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈن ئىدى!
ھەمدۇسانا!

## 106-كۈي
## خۇدانىڭ ۋاپادارلىقى ۋە سەۋر-تاقىتى؛ ئىنساننىڭ ۋاپاسىزلىقى

106
1 ھەمدۇسانا!
پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىڭلار!
چۈنكى ئۇ مېھرىباندۇر، ئەبەدىيدۇر ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى.
2 پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرەتلىك قىلغانلىرىنى كىم سۆزلەپ بېرەلەيدۇ؟
ئۇنىڭ بار شان-شۆھرىتىنى كىم جاكارلاپ بېرەلەيدۇ؟
3 بەختلىكتۇر ئادالەتنى تۇتقان،
دائىم ھەققانىيلىقنى يۈرگۈزگەن كىشى!
4 خەلقىڭگە بولغان ھىممىتىڭ بىلەن مېنى ئەسلىگەيسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
نىجاتلىقىڭ بىلەن يېنىمغا كېلىپ خەۋەر ئالغىن!
5 شۇنىڭ بىلەن، سەن تاللىغانلىرىڭنىڭ بەرىكىتىنى كۆرەي،

---

**43:105** مىس. 8:14؛ چۆل. 3:33

**45:105** مىس. 4:19، 5، 6؛ قان. 1:4، 40؛ 21:6، 22، 23، 24، 25

**1:106** **«پەرۋەردىگار... مېھرىباندۇر، ئەبەدىيدۇر ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى...»** — بۇ كۆيدە تەۋراتتىكى «مىس.» 1-24-بابلار، «چۆل.» 11-17، 20-بابلار، «يەشۇئا»، «باتۇر ھاكىملار» ھەم «پادىشاھلار» دېگەن قىسىملاردىكى تارىخ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**1:106** 1تار. 34:16-36؛ زەب. 1:107؛ 1:118؛ 1:136

**4:106** **«نىجاتلىقىڭ بىلەن يېنىمغا كېلىپ خەۋەر ئالغىن!»** — ئىبرانىي تىلدا: «نىجاتلىقىڭ بىلەن مېنى يوقلىغايسەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئۆز ئېلىڭنىڭ شادلىقى بىلەن شاد بولاي،**
**ئۆز مىراسىڭ بولغان خەلقىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ، يايراپ يۈرەي!**
6 **بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىز قاتارىدا گۇناھ ئۆتكۈزدۇق،**
**قەبىھلىك قىلدۇق، يامانلىق ئەيلىدۇق.**
7 **مىسىردا تۇرغان ئاتا-بوۋىلىرىمىز مۆجىزىلىرىڭنى نەزىرىگە ئالماي،**
**كۆپ مېھرىبانلىقلىرىڭنى ئېسىگە ئالمىدى؛**
**بەلكى دېڭىزدا، قىزىل دېڭىز بويىدا ئىسيان كۆتۈردى.**
8 **بىراق ئۇ قۇدرىتىمنى نامايان قىلاي دەپ،**
**ئۆز نامى ئۈچۈن ئۇلارنى قۇتقۇزدى.**
9 **ئۇنىڭ قىزىل دېڭىزغا تەنبىھ بېرىشى بىلەن،**
**ئۇ قۇپقۇرۇق بولدى؛**
**خۇددى قاغجىراق چۆللۈكتىن يېتەكلەپ ماڭغاندەك،**
**ئۇ ئۇلارنى دېڭىز تەگلىرىدىن قۇرۇق ئۆتكۈزدى.**
10 **ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەنلەرنىڭ قولىدىن ھۆرلۈككە چىقاردى،**
**ئۇلارغا ھەمجەمەت بولۇپ دۈشمەن چاڭگىلىدىن قۇتقۇزدى.**
11 **ياۋلارنى سۇلار باستى،**
**ئۇلارنىڭ ھېچبىرسى ساق قالمىدى.**
12 **شۇندىلا ئۇلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنچ قىلدى؛**
**ئۇلار ئۇنى كۈيلىدى.**
13 **ئۇلار ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى شۇنچە تېز ئۇنتۇدى،**
**نەسىھەتىنى كۈتمىدى؛**

---

**6:106** لاۋ. 40:26؛ يەر. 25:3؛ دان. 5:9
**7:106** مىس. 11،12:14
**8:106** مىس. 16:9
**9:106** مىس. 21،22،29:14
**11:106** مىس. 27:14؛ 5:15
**12:106** مىس. 31:14؛ 1:15

14 بەلكى دالادا ئاچ كۆزلۈككە بالادەك بېرىلدى،
چۆل-باياۋاندا تەڭرىنى سىنىدى.
15 شۇڭا ئۇ سورىغىنىنى ئۇلارغا بەردى،
بىراق جۇدەتكۈچى بىر كېسەلنى جانلىرىغا تەگكۈزدى.
16 ئۇلار بارگاھتا مۇساغا ھەسەت قىلدى،
خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىسى ھارۇنىمۇ كۆرەلمىدى.
17 يەر ئېچىلىپ داتاننى يۇتۇۋەتتى،
ئابىرامنى ئادەملىرى بىلەن قاپسىۋالدى.
18 ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا ئوت يېقىلدى؛
يالقۇن رەزىللەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
19 ئۇلار ھورەب تېغىدا موزاي بۇتنى ياسىدى،
قۇيما ھەيكەلگە سەجدە قىلىپ،
20 ئۆزلىرىنىڭ پەخىر-شۆھرىتى بولغۇچىنىڭ ئورنىغا،
ئوت-چۆپ يەيدىغان ئۆكۈزنىڭ سۈرىتىنى ئالماشتۇردى.
21 مىسىردا ئۇلۇغ ئىشلارنى كۆرسەتكەن نىجاتكارى تەڭرىنى ئۇلار
ئۇنتۇدى.
22 دەرۋەقە، ھام دىيارىدا مۆجىزىلەر ياراتقان،
قىزىل دېڭىز بويىدا قورقۇنچلۇق ئىشلارنى كۆرسەتكەن خۇدانى
ئۇنتۇدى.
23 ئۇ ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن دېگەنىدى ــ
ئۆز تاللىغىنى مۇسا قەھرىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئارىچى
بولۇپ تىك تۇرمىغان بولسا،

**14:106** مىس. 3:16؛ چۆل. 4،6،33:11؛ زەب. 18:78؛ 1كور. 6:10
**15:106** چۆل. 20:11، 33؛ زەب. 29:78-31؛ يەش. 16:10
**16:106** چۆل. 16
**17:106** چۆل. 31،32،33:16؛ قان. 6:11
**18:106** چۆل. 35،46:16
**19:106** مىس. 4:32

دەرۋەقە شۇنداق قىلغان بولار ئىدى.
24 ئۇلار يەنە گۈزەل زېمىننى كەمسىتىپ رەت قىلدى،
ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمىدى؛
25 بەلكى چېدىرلىرىدا قاقشاپ يۈرۈپ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىدى.
26 شۇڭا ئۇ ئۇلارغا قەسەم قىلىپ قول كۆتۈرۈپ: ــ
سىلەرنى چۆلدە يىقىتىپ تۈگەشتۈرىمەن ــ
27 ئەۋلادلىرىڭلارنىمۇ ئەللەر ئارىسىدا يىقىتىپ تۈگەشتۈرۈپ،
ياقا يۇرتلار ئارا تارقىتىۋېتىمەن» ــ دېدى.
28 ئۇلار بائال-پېئور بۇتقا ئۆزىنى ئېتىپ چوقۇنۇپ،
ئۆلۈكلەرگە ئاتىغان قۇربانلىقلارنى يېدى.
29 ئۇلار قىلمىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى،
ئۇلار ئارىسىدا ۋابا قوزغالدى؛
30 فىنېھاس تۇردى-دە، ھۆكۈم يۈرگۈزدى،
شۇنىڭ بىلەن ۋابا توسۇلدى؛
31 بۇ ئىش فىنېھاسقا ھەققانىيەت دەپ ھېسابلاندى،
ئۇنىڭ نەسلىگىمۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە، ئەبەدىي شۇنداق ھېسابلاندى.
32 ئۇلار يەنە پەرۋەردىگارنى مېرىباھ سۇلىرى بويىدا غەزەپكە كەلتۈردى،
ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن مۇساغىمۇ زەرەر يەتتى؛

---

**23:106** مىس. 32:32،11؛ قان. 9:14،13؛ 10:10

**24:106** چۆل. 14:1، 2

**26:106** چۆل. 14:28

**27:106** زەب. 44:10-14؛ ئەز. 20:23

**28:106** **«ئۇلار بائال-پېئور بۇتقا ئۆزىنى ئېتىپ چوقۇنۇپ، ئۆلۈكلەرگە ئاتىغان قۇربانلىقلارنى يېدى»** ــ «ئۆلۈكلەرگە قۇربانلىق قىلىش»، «ياغ پۈرىتىش» قاتارلىق ھەرقانداق پائالىيەتلەر تەۋراتتا قەتئىي مەنئى قىلىنغان.

**28:106** چۆل. 25:3؛ 31:16؛ ۋەھ. 2:14

**32:106** چۆل. 20:12؛ زەب. 95:8

33 چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ روھىنى تېرىكتۇردى،
ئۇنىڭ لەۋلىرى بىخەستىلىكتە گەپ قىلىپ سالدى.
34 ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ،
شۇ يەردىكى قوۋملارنى يوقاتمىدى؛
35 بەلكى يات ئەللەر بىلەن ئارىلىشىپ،
ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى ئۆگەندى؛
36 ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇندى،
بۇلار ئۆزلىرىگە بىر تۇزاق بولۇپ چىقتى؛
37 چۈنكى ئۇلار ئۆز ئوغۇل-قىزلىرىنى سويۇپ، جىنلارغا قۇربانلىققا
بېغىشلىدى.
38 شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىگۇناھ قانىنى،
يەنى قانائاندىكى بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ، ئۆز ئوغۇل-
قىزلىرىنىڭ قېنىنى تۆكتى؛
زېمىنى قانغا بۇلغىنىپ كەتتى.
39 ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرى بىلەن بۇلغاندى؛
قىلىقلىرى بىلەن پاھىشە ئايالدەك بۇزۇلدى.
40 شۇڭا پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىدىن قاتتىق غەزەپلەندى،
ئۇ ئۆز مىراسىدىن يىرگەندى؛
41 ئۇلارنى يات ئەللەرنىڭ قولىغا بەردى،
ئۇلارغا ئۆچمەنلەر ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى.
42 دۈشمەنلىرى ئۇلارنى ئەزدى،
ئۇلار ياۋ قولى ئاستىدا ئېگىلىپ پۈكۈلدى.

---

33:106 **«چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ روھىنى تېرىكتۇردى»** — بەزى تەرجىمىلەردە «ئۇنىڭ روھى» مۇسانىڭ روھى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ روھى دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. **«... ئۇلار ئۇنىڭ روھىنى تېرىكتۇردى، ئۇنىڭ لەۋلىرى بىخەستىلىكتە گەپ قىلىپ سالدى»** — «چۆل.» 7:20-13نى كۆرۈڭ.

**35:106** ھاك. 2:2؛ 5:3، 6

**37:106** لاۋ. 21:18؛ قان. 31:12؛ 2پاد. 3:16؛ 17:17؛ 6:21؛ 2تار. 3:28؛ 6:33

**38:106** چۆل. 33:35

43 كۆپ قېتىم پەرۋەردىگار ئۇلارنى قۇتقۇزدى؛
بىراق ئۇلار بولسا، ئۆز خاھىشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدى،
ئۇلار ئۆز قەبىھلىكى بىلەن پەس ھالغا چۈشتى.
44 شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇلارنىڭ نالە-پەريادىنى ئاڭلىغاندا،
ئۇلارنىڭ جەبىر-جاپالىرىغا ئېتىبار بەردى؛
45 ھەم ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى ئەسلىدى،
زور مېھىر-شەپقىتى بىلەن، غەزىپىدىن ياندى،
46 ئۇ ئۇلارنى سۈرگۈن قىلغانلارنىڭ قەلبىدە رەھىم ئويغاتتى.
47 بىزنى قۇتقۇزغايسەن، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز!
مۇقەددەس نامىڭغا تەشەككۈر ئېيتىشقا،
تەنتەنە قىلىپ سېنى مەدھىيىلەشكە،
بىزنى ئەللەر ئارىسىدىن يېنىڭغا يىغىۋالغايسەن!
48 ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارغا،
ئەزەلدىن تا ئەبەدگىچە تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇلسۇن!
پۈتكۈل خەلق «ئامىن» دېسۇن!
ھەمدۇسانا!

---

45:106 **«زور مېھىر-شەپقىتى بىلەن،...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «زور مېھىر-شەپقەتلىرى بىلەن...».

**47:106** 1تار. 35:16

**48:106** 1تار. 36:16

# بەشىنچى بۆلۈم

## 107-كۈي
## خۇدانىڭ بارلىق ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىڭلار!

107 [1] ئاھ، پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىڭلار!
چۈنكى ئۇ مېھرىباندۇر، ئەبەدىيدۇر ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى!
[2] پەرۋەردىگار ياۋ قولىدىن قۇتقۇزغانلار،
ئۇ ھەممەمەت بولۇپ قۇتقۇزغان خەلقى بۇنى داۋاملىق بايان قىلسۇن —
[3] يەنى ئۇ شەرق بىلەن غەربتىن، شىمال بىلەن جەنۇبتىن،
ھەرقايسى يۇرتلاردىن يىغىۋېلىنغانلار بۇنى ئېيتسۇن!
[4] ئۇلار چۆل-باياۋاننى كېزىپ پىنھان يولدا ئاداشتى،
ئادەم ماكانلاشقان ھېچبىر شەھەرنى تاپالماستىن.
[5] ئاچ ھەمدە ئۇسسۇز بولۇپ،
جېنى چىقاي دەپ قالدى.
[6] ئاندىن پەرۋەردىگارغا پەرياد قىلدى،
ئۇ ئۇلارنى مۇشەققەتلىرىدىن ئازاد قىلدى.
[7] ماكانلاشقۇدەك شەھەرگە يەتكۈچە،
ئۇ ئۇلارنى تۈز يولدا باشلىدى.
[8] ئۇلار پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتسۇن!
ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى ئۈچۈن،
ئىنسان باللىرىغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى ئۈچۈن!

---

**1:107** زەب. 1:106؛ 1:118؛ 1:136

3:107 **«... ئۇ... شىمال بىلەن جەنۇبتىن... يىغىۋېلىنغانلار بۇنى ئېيتسۇن!»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «جەنۇبتىن» دېگەننىڭ ئورنىدا «دېڭىزدىن» دېيىلىدۇ؛ يەنى «ئۇ... شىمال بىلەن دېڭىزدىن... يىغىۋېلىنغانلار بۇنى ئېيتسۇن!» دېيىلىدۇ (ئىبرانىي تىلدا ئىككى سۆزنىڭ پەرقى چوڭ ئەمەس، يەنى «يامى» بىلەن «يامىن»).

9 چۈنكى ئۇ چاڭقىغان كۆڭۈلنى قاندۇردى،
ئاچ قالغان جاننى ئېسىل نېمەتلەر بىلەن تولدۇردى.
10 زۇلمەتتە، ئۆلۈم كۆلەڭگىسىدە ياشىغانلار،
تۆمۈر كىشەن سېلىنىپ، ئازاب چەككەنلەرنى بولسا،
11 (چۈنكى ئۇلار تەڭرىنىڭ ئەمرلىرىگە قارشىلىق قىلدى،
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ نەسىھەتىنى كەمسىتتى)
12 ــ ئۇ ئۇلارنى جاپا-مۇشەققەت تارتقۇزۇپ كەمتەر قىلدى،
ئۇلار پۇتلىشىپ يىقىلدى، ئۇلارغا ياردەمگە بىرسىمۇ يوق ئىدى.
13 ئاندىن پەرۋەردىگارغا يېلىنىپ پەرياد قىلدى،
ئۇ ئۇلارنى مۇشەققەتلىرىدىن ئازاد قىلدى.
14 ئۇلارنى زۇلمەت ھەم ئۆلۈم سايىسىدىن چىقىرىپ،
ئۇلارنىڭ زەنجىر-ئاسارەتلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى.
15 ئۇلار پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر ئېيتسۇن!
ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى ئۈچۈن،
ئىنسان بالىلىرىغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى ئۈچۈن!
16 مانا ئۇ مىس دەرۋازىلارنى پارە-پارە قىلىپ،
تۆمۈر تاقاقلارنى كېسىپ تاشلىدى.
17 ھاماقەتلەر ئۆز ئىتائەتسىزلىك يوللىرىدىن،
قەبىھلىكلىرىدىن ئازابلارغا ئۇچرايدۇ؛
18 كۆڭلىدە ھەرخىل ئوزۇق-تۈلۈكتىن بىزار بولۇپ،
ئۆلۈم دەرۋازىلىرىغا يېقىنلىشىدۇ.
19 ئاندىن پەرۋەردىگارغا يېلىنىپ پەرياد قىلىدۇ،
ئۇ ئۇلارنى مۇشەققەتلىرىدىن ئازاد قىلىدۇ.
20 ئۇ سۆز-كالامىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ساقايتىدۇ،
ئۇلارنى زاۋاللىقلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ.
21 ئۇلار پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر ئېيتسۇن!
ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى ئۈچۈن،
ئادەم بالىلىرىغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى ئۈچۈن!

22 قۇربانلىق سۈپىتىدە تەشەككۈرلەر ئېيتسۇن،
ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى تەنتەنىلىك ناخشىلار بىلەن بايان قىلسۇن!
23 كېمىلەردە دېڭىزغا چۈشۈپ قاتنىغۇچىلار،
ئۇلۇغ سۇلاردا تىرىكچىلىك قىلغۇچىلار،
24 بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىشلىرىغا گۇۋاھچىدۇر،
چوڭقۇر ئوكياندا كۆرسەتكەن كارامەتلەرنى كۆرگۈچىدۇر.
25 چۈنكى ئۇ بىر سۆز بىلەنلا شىددەتلىك شامالنى چىقىرىپ،
دولقۇنلىرىنى ئۆركەشلىتىدۇ؛
26 كېمىچىلەر ئاسمان-پەلەك ئۆرلەيدۇ،
سۇلارنىڭ تەھتىلىرىگە چۈشىدۇ،
دەھشەتتىن ئۇلارنىڭ جېنى ئېرىپ كېتىدۇ.
27 ئۇلار مەست ئادەمدەك ئەلەڭ-سەلەڭ ئىرغاڭلايدۇ،
ھەرقانداق ئەقىل-چارىسى تۈگەيدۇ؛
28 ئاندىن پەرۋەردىگارغا يېلىنىپ پەرياد قىلىدۇ،
ئۇ ئۇلارنى مۇشەققەتلىرىدىن ئازاد قىلىدۇ.
29 ئۇ بورانىنى تىنچىتىدۇ،
سۇ دولقۇنلىرىمۇ جىم بولىدۇ.
30 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تىنچلىقىدىن شادلىنىدۇ؛
ئۇ ئۇلارنى تەشنا بولغان ئارامگاھىغا يېتەكلەپ بارىدۇ.
31 ئۇلار پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتسۇن!
ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى ئۈچۈن،
ئىنسان بالىلىرىغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى ئۈچۈن!

22:107 **«قۇربانلىق سۈپىتىدە تەشەككۈرلەر ئېيتسۇن،...»** ــ ياكى «تەشەككۈر قۇربانلىقلىرى ئاتسۇن،...».
—«تەشەككۈر قۇربانلىقى» مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بېكىتكەن ئالتە خىل قۇربانلىقلاردىن بىرى.

**22:107** لاۋ. 12:7؛ زەب. 14:50

**23:107** ۋەھ. 17:18

32 ئۇلار خەلقنىڭ جامائىتىدىمۇ ئۇنى ئۇلۇغلىسۇن،
ئاقساقاللار مەجلىسىدە ئۇنى مەدھىيىلىسۇن.
33 ئۇ دەريالارنى چۆلگە،
بۇلاقلارنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرىدۇ.
34 ئاھالىسىنىڭ يامانلىقى تۈپەيلىدىن،
ھوسۇللۇق يەرنى شورلۇق قىلىدۇ.
35 ئۇ يەنە چۆل-باياۋاننى كۆلگە،
چاڭقاق يەرنى بۇلاقلارغا ئايلاندۇرىدۇ؛
36 ئاچلارنى شۇ يەرگە جايلاشتۇرۇپ،
ئۇلار ئولتۇراقلاشقان بىر شەھەرنى بەرپا قىلىدۇ؛
37 ئۇلار ئېتىزلارنى ھەيدەپ-تېرىپ، ئۈزۈمزارلارنى بەرپا قىلىدۇ؛
بۇلار ھوسۇل-مەھسۇلاتنى مول بېرىدۇ.
38 ئۇ پەرۋەردىگار ئۇلارغا بەرىكەت بېرىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سانى خېلىلا ئېشىپ بارىدۇ،
ئۇ ئۇلارنىڭ مال-ۋارانلىرىنى ھېچ ئازايتمايدۇ.
39 ئۇلار يەنە جەبىر-زۇلۇم، بالا-قازا ھەم دەرد-ئەلەمگە يولۇقۇپ،
سانى ئازىيىپ، پۈكۈلىدۇ.
40 ئۇ ئېسىلزادىلەر ئۈستىگە كەمسىتىشلىرىنى تۆكىدۇ،
يولسىز دەشت-سەھرادا ئۇلارنى سەرگەردان قىلىدۇ؛
41 لېكىن مىسكىن ئادەمنى جەبىر-زۇلۇمدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ ساقلايدۇ،
ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋاباتىنى قوي پادىسىدەك كۆپ قىلىدۇ.
42 بۇنى كۆڭلى دۇرۇسلار كۆرۈپ شادلىنىدۇ؛
پاسىقلارنىڭ ئاغزى ئېتىلىدۇ.

---

**35:107** يەش. 18:41

**41:107** 1سام. 8:2؛ زەب. 7:113، 8

**42:107** ئايۇپ 16:5؛ 19:22

43 كىمكى دانا بولسا، بۇلارنى بايقىسۇن،
پەرۋەردىگارنىڭ مېھىر-شەپقەتلىرىنى چۈشەنسۇن!

## 108-كۈي
## خۇدانىڭ غەلىبىسىگە بولغان تەشنا-تەلەۋەت

108 1 داۋۇتنىڭ كۈي-ناخشىسى: —

ئىرادەم چىڭ، ئى خۇدا، ئىرادەم چىڭ؛
مەن مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىپ،
بەرھەق، سېنى كۈيلەيمەن، پۈتۈن روھىم بىلەن!
2 ئى نەغمە-سازلىرىم، ئويغان!
مەن سەھەر قۇياشىنىمۇ ئويغىتىمەن!
3 خەلق-مىللەتلەر ئارىسىدا سېنى ئۇلۇغلايمەن، ئى پەرۋەردىگار؛
ئەللەر ئارىسىدا سېنى كۈيلەيمەن!
4 چۈنكى ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ئەرشلەرگە يەتكۈدەك ئۇلۇغدۇر؛
ھەقىقىتىڭ بۇلۇتلارغا تاقاشتى.
5 ئى خۇدا، شان-شۆھرىتىڭ ئەرشلەردىن يۇقىرى ئۇلۇغلانغاي،
شان-شەرىپىڭ يەر يۈزىنى قاپلىغاي!
6 ئۆز سۆيگەنلىرىڭنىڭ نىجاتلىق تېپىشى ئۈچۈن،
ئوڭ قولۇڭ بىلەن قۇتقۇزغايسەن،
دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغايسەن.

---

1:108 **«داۋۇتنىڭ كۈي-ناخشىسى: ــــ...»** — ئوقۇرمەنلەر كۆرەلەيدۇكى، بۇ كۈينىڭ ئايەتلىرى 57-كۈيدىكى 7-11-ئايەتلەر، 60-كۈيدىكى 5-12-ئايەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىزاھاتلىرى مۇشۇ كۈيگىمۇ تەۋە، ئەلۋەتتە. **«...سېنى كۈيلەيمەن، پۈتۈن روھىم بىلەن!»** — «روھىم» مۇشۇ يەردە ئىبرانيي تىلىدىكى «مېنىڭ شەرىپىم»نىڭ تەرجىمىسى.

**4:108** زەب. 5:36؛ 10:57

7 خۇدا ئۆز پاك-مۇقەددەسلىكىدە شۇنداق دېگەن: ــ
«مەن تەنتەنە قىلىمەن،
مەن شەكەم دىيارىنى بۆلۈپ بېرىمەن،
سۇككوت ۋادىسىنى تەقسىم قىلىشقا ئۆلچەيمەن.
8 گىلېئاد ماڭا مەنسۇپتۇر،
ماناسسەھمۇ ماڭا مەنسۇپتۇر؛
ئەفرائىم بولسا بېشىمدىكى دۇبۇلغامدۇر،
يەھۇدا مېنىڭ ئەمر-پەرمان چىقارغۇچىمدۇر؛
9 موئاب مېنىڭ يۇيۇنۇش جاۋۇرۇمدۇر؛
ئېدومغا چورۇغۇمنى تاشلايمەن؛
مەن فىلىستىيە ئۈستىدىن تەنتەنە قىلىمەن!».
10 كىم مېنى بۇ مۇستەھكەم شەھەرگە باشلاپ كىرەلىسۇن؟
كىم مېنى ئېدومغا ئېلىپ بارالىسۇن؟
11 ئى خۇدا، سەن بىزنى راستتىنلا چەتكە قاقتىڭمۇ؟
قوشۇنلىرىمىز بىلەن بىللە جەڭگە چىقمامسەن؟
12 بىزنى زۇلۇملاردىن قۇتۇلۇشقا ياردەملەشكەيسەن،
چۈنكى ئىنساننىڭ ياردىمى بىكاردۇر!

---

8:108 **«ئەفرائىم بولسا بېشىمدىكى دۇبۇلغامدۇر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئەفرائىم بولسا بېشىمدىكى قوغدىغۇچىدۇر». **«يەھۇدا مېنىڭ ئەمر-پەرمان چىقارغۇچىمدۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «يەھۇدا مېنىڭ شاھانە ھاسامدۇر».

9:108 **«موئاب مېنىڭ يۇيۇنۇش جاۋۇرۇم»** ــ بەلكىم موئابنىڭ خۇدا ۋە ئۇنىڭ خەلقى ئۈچۈن مەينەت خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. **«ئېدومغا چورۇقۇمنى تاشلايمەن»** ــ ئاياغ كىيىمنى مەلۇم يەر ئۈستىگە تاشلاش ئاشۇ يەرگە ئىگە بولغانلىقنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن؛ ياكى بولمىسا، ئېدومنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ ئاياغلىرىنى ئېلىپ يىغىشتۇرىدىغان قۇلدەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. **«فىلىستىيە، مېنىڭ سەۋەبىمدىن تەنتەنە قىلىڭلار!»** ــ داۋۇت پادىشاھنىڭ دەۋرىدە فىلىستىيە داۋۇتقا، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇپ، بەختلىك ھاياتقا ئىگە بولغان («2سام.» 8:1نى، شۇنداقا «يار.» 12:1-3نىمي كۆرۈڭ).

**11:108** زەب. 60:1-3

13 خۇدا ئارقىلىق بىز چوقۇم باتۇرلۇق كۆرسىتىمىز؛
بىزگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى چەيلىگۈچى دەل ئۇ ئۆزىدۇر!

## 109 ـ كۈي
## ئىنتىقام ئۈچۈن ئوقۇلغان دۇئا

109 1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: ـ

ئى مەدھىيەمنىڭ ئىگىسى خۇدايىم، جىم تۇرما!
2 مانا رەزىللەرنىڭ ئاغزى، مەككارلارنىڭ ئاغزى كۆز ئالدىمدا يوغان ئېچىلدى؛
ئۇلار يالغانچى تىل بىلەن ماڭا قارشى سۆزلىدى.
3 نەپرەتلىك سۆزلەر بىلەن مېنى چۇلغاپ،
ئۇلار بىكاردىن-بىكار ماڭا زەربە بەرمەكتە.
4 مۇھەببىتىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا قارشى شىكايەتچى بولدى،
مەن بولسام ـ دۇئاغا بېرىلدىم.
5 ياخشىلىقىم ئۈچۈن يامانلىق،
سۆيگۈم ئۈچۈن نەپرەت قايتۇردى.
6 ھەربىرىنىڭ ئۈستىدە رەزىل بىر ئادەم تەيىنلىگەيسەن،
ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا بىر دەۋاگەر تۇرسۇن.
7 ئۇ سوراق قىلىنغاندا ئەيىبدار بولۇپ چىقسۇن،
دۇئاسى گۇناھ دەپ ھېسابلانسۇن.
8 كۈنلىرى قىسقا بولسۇن،
مەنسىپىنى باشقىسى ئىگىلىسۇن.

3:109 زەب. 4:69
6:109 زەك. 3:1، 2
7:109 پەند. 8:15؛ 9:28

[9] بالىلىرى يېتىم قالسۇن،
خوتۇنى تۇل بولسۇن.
[10] ئوغۇللىرى سەرگەردان تىلەمچى بولسۇن،
تۇرغان خارابىلىكلىرىدىن نان ئىزدەپ.
[11] جازانىخور ئۇنىڭ ئىگىلىكى ئۈستىگە تور تاشلىسۇن،
مېهنەت ئەجرىنى ياتلار بۇلاپ-تالىسۇن.
[12] ئۇنىڭغا مېهرىبانلىق كۆرسىتىدىغان بىرسى بولمىسۇن،
يېتىم قالغان بالىلىرىغا ئىلتىپات قىلغۇچى بولمىسۇن.
[13] ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇتۇلسۇن؛
كېلەر ئەۋلادىدا ناملىرى ئۆچۈرۈلسۇن.
[14] ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبىهلىكىنىڭ ئەيىبلىرى پەرۋەردىگارنىڭ يادىدا قالسۇن،
ئانىسىنىڭ گۇناهى ئۆچۈرۈلمىسۇن.
[15] بۇلارنىڭ ئەيىبلىرى دائىم پەرۋەردىگارنىڭ كۆز ئالدىدا بولسۇن،
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ نام-ئەمىلىنى يەر يۈزىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ.
[16] چۈنكى رەزىل كىشى مېهرىبانلىق كۆرسىتىشنى هېچ ئېسىگە كەلتۈرمىدى،
بەلكى ئېزىلگەن، يوقسۇل هەم دىلى سۇنۇقلارنى ئۆلتۈرمەككە قوغلاپ كەلدى.
[17] ئۇ لەنەت ئوقۇشقا ئامراق ئىدى،
شۇڭا لەنەت ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدۇ؛
بەخت تىلەشكە رايى يوق ئىدى،
شۇڭا بەخت ئۇنىڭدىن يىراق بولىدۇ.
[18] ئۇ لەنەتلەرنى ئۆزىگە كىيىم قىلىپ كىيگەن؛
شۇڭا بۇلار ئاقنان سۇدەك ئۇنىڭ ئىچ-باغرىغا،

**15:109** ئايۇپ 17:18؛ زەب. 16:34

مايدەك، سۆڭەكلىرىگە كىرىدۇ؛
19 بۇلار ئۇنىڭغا يېپىنغان تونىدەك،
ھەردائىم باغلانغان بەلۋېغىدەك چاپلانسۇن.
20 بۇلار بولسا مېنى ئەيىبلىگۈچىلەرگە پەرۋەردىگارنىڭ بېكىتكەن
مۇكاپاتى بولسۇن!
مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلغانلارنىڭ ئىنئامى بولسۇن!
21 بىراق سەن، پەرۋەردىگار رەببىم،
ئۆز نامىڭ ئۈچۈن مېنىڭ تەرىپىمدە بىر ئىش قىلغايسەن،
مېھىر-مۇھەببىتىڭ ئەلا بولغاچقا،
مېنى قۇتقۇزغايسەن؛
22 چۈنكى مەن ئېزىلگەن ھەم ھاجەتمەندۇرمەن،
قەلبىم خەستە بولدى.
23 مەن قۇياش ئۇزارتقان كۆلەڭگىدەك يوقىلاي دەپ قالدىم،
چېكەتكە قېقىۋېتىلگەندەك چەتكە قېقىۋېتىلدىم.
24 روزا تۇتقىنىمدىن تىزلىرىم كېتىدۇ،
ئەتلىرىم سىزىپ كېتىدۇ.
25 شۇڭلاشقا مەن ئۇلار ئالدىدا رەسۋا بولدۇم؛
ئۇلار ماڭا قاراشقاندا، بېشىنى سىلكىشمەكتە.
26 ماڭا ياردەملەشكەيسەن، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم،
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بويىچە مېنى قۇتقۇزغايسەن؛
27 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنىڭ سېنىڭ قولۇڭدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى،
بۇنى قىلغۇچىنىڭ سەن پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلسۇن.
28 ئۇلار لەنەت ئوقۇۋەرسۇن، سەن بەخت ئاتا قىلغايسەن؛
ئۇلار ھۇجۇم قىلىشقا تۇرغاندا، خىجالەتتە قالسۇن،
بىراق قۇلۇڭ شادلانسۇن!
29 مېنى ئەيىبلىگۈچىلەر خىجالەت بىلەن كىيىنسۇن،
ئۇلار ئۆز شەرمەندىلىكىنى ئۆزلىرىگە تون قىلىپ يېپىنسۇن.
30 ئاغزىمدا پەرۋەردىگارغا زور تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرىمەن؛

بەرھەق، كۆپچىلىك ئارىسىدا تۇرۇپ ئۇنى مەدھىيىلەيمەن؛
31 چۈنكى ھاجەتمەنىنىڭ جېنىنى گۇناھقا بېكىتمەكچى بولغانلاردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،
پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرىدۇ.

## 110-كۈي

## كەلگۈسىدىكى ئالەمنىڭ پادىشاھى ــ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى مەسىھ

110 1 داۋۇت يازغان كۈي: ــ

پەرۋەردىگار مېنىڭ رەببىمگە: ــ
«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلغۇچە،
ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن» ــ دېدى.
2 پەرۋەردىگار قۇدرىتىڭنى كۆرسەتكۈچى شاھانە ھاساڭنى زىئوندىن ئۇزارتىدۇ؛
دۈشمەنلىرىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگىن!
3 كۈچ-قۇدرىتىڭنى كۆرسىتىدىغان كۈنىدە،
ئۆز خەلقىڭ خالىس قۇربانلىق كەبى پىدا بولىدۇ؛
مۇقەددەس ھەيۋەتلىكتە،
شۇ ياشلىق دەۋرىڭدىكىدەك،
ساڭا ھازىرمۇ شەبنەملەر سەھەرنىڭ بالياتقۇسىدىن يېڭى چىققاندەك چۈشىدۇ؛

1:110 **«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلغۇچە»** ــ «تەختىپەر» پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندا پۇتى تۇرىدىغان جاي.

2:110 **«پەرۋەردىگار قۇدرىتىڭنى كۆرسىتىدىغان شاھانە ھاساڭنى زىئوندىن ئۇزارتىدۇ»** ــ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەلكىم: خۇدا يەر يۈزىدە ئۆز سەلتەنىتىنى قۇرغاندا، تىكلىگەن پادىشاھ مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەم ھوقۇقى يېرۇسالېمدىن چىقىپ ھەر يەرگە يېتىپ بارىدۇ.

3:110 **«ئۆز خەلقىڭ خالىس قۇربانلىق كەبى پىدا بولىدۇ»** ــ «خالىس قۇربانلىق»، 54-كۈي، 6-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«مۇقەددەس ھەيۋەتلىكتە، شۇ ياشلىق دەۋرىڭدىكىدەك،

4 پەرۋەردىگار شۇنداق قەسەم ئىچتى،
ھەم بۇنىڭدىن يانمايدۇ: ــ
«سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە مەلكىزەدەكنىڭ تېپىدىكى بىر
كاھىندۇرسەن».
5 ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدىكى رەب غەزىپىنى كۆرسەتكەن كۈندە پادىشاھلارنى
ئۇرۇپ پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ؛
6 ئۇ ئەللەر ئارىسىدا سوتلايدۇ؛
جاي-جايلارنى جەسەتلەر بىلەن تولدۇرىدۇ؛
كەڭ زېمىننىڭ بېشىنى يارىدۇ؛
7 ئۇ يولدا ئېرىقتىن سۇ ئىچىدۇ؛
ئۇ شۇڭا كىشىنىڭ بېشىنى يۆلىگۈچى بولىدۇ.

---

**ساڭا ھازىرمۇ شەبنەملەر سەھەرنىڭ بالىياتقۇسىدىن يېڭى چىققاندەك چۈشىدۇ» ــ** دېھقانلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، شەبنەم ئادەتتە پەقەت ياپيېشىل ئوتياشلار ۋە دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. قۇرۇق-قاقشال بولۇپ قالغان دەرەخلەرگە چۈشمەيدۇ. كۆچمە مەنىسى، مەسىھ مەڭگۈگە ياپيېشىل دەرەختەك ياش تۇرۇۋېرىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئالەمنىڭ سەھىرى بولمىغۇچە، سېنى تۇغۇلدۇردۇم». بۇ تەرجىمە قەدىمكى گرېك تىل تەرجىمىسى LXXگە ئوخشاش.

4:110 **«سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە مەلكىزەدەكنىڭ تېپىدىكى بىر كاھىندۇرسەن» ــ** مەلكىزەدەك دېگەن ئادەم ھەزرىتى ئىبراھىمغا كاھىن (خۇداغا ۋەكىل بولۇپ قۇربانلىقنى قوبۇل قىلغۇچى) بولغان ھەم ئىبراھىم ئالغان ئولجىدىن ئوندىن بىرىنى ئالغان («يار.» 14-باب). دېمەك، ئۇ ئىبراھىمدىن ئۇلۇغ ئىدى، شۇڭلاشقا ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان كاھىنلاردىنمۇ ئۇلۇغ ئىدى. «يار.» 14-بابتا دېيىلگىنىچە، بۇ سىرلىق ئادەمنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق ئىدى. ئىنجىل «ئىبرانىيلارغا»، 8- ھەم 10-بابنى كۆرۈڭ. «مەلكىزەدەك»نىڭ مەنىسى: «ھەققانىيلىقنىڭ پادىشاھى» «ئامانلىق پادىشاھى». ئۇنداقتا بۇ يەردە «سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە مەلكىزەدەكنىڭ تېپىدىكى بىر كاھىندۇرسەن» دېيىش بىكىتىلىشى ئالەمدە ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي كاھىن دەپ بېكىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**4:110** ئىبر. 6:5؛ 20:6؛ 17:7

**6:110** ۋەھ. 14:14-20؛ 14:16-16؛ 8:20-10

7:110 **«ئۇ يولدا ئېرىقتىن سۇ ئىچىدۇ؛ ئۇ شۇڭا كىشىنىڭ بېشىنى يۆلىگۈچى بولىدۇ» ــ** بۇ سىرلىق گەپ بەلكىم مەسىھنىڭ كىچىك پېئىل ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۆزىنىڭمۇ كىچىك پېئىل مۆمىنلەرگە تەسەللى بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇ شۇڭا كىشىنىڭ بېشىنى يۆلىگۈچى بولىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇڭا ئۇ (ئۆز) بېشىنى كۆتۈرىدۇ».

# 111-كۈي
## خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سىغىنىش
## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

111 [1] ھەمدۇسانا!
كۆڭلى دۇرۇسلارنىڭ مەشرىپىدە،
ھەم جامائەتتە تۇرۇپ،
پەرۋەردىگارغا پۈتۈن قەلبىم بىلەن تەشەككۇر ئېيتىمەن.
[2] پەرۋەردىگارنىڭ ياسىغانلىرى ئۇلۇغدۇر؛
بۇلاردىن خۇرسەن بولغانلار ئىزدىنىپ ئۇلارنى سۈرۈشتۈرمەكتە.
[3] ئۇنىڭ ئەجرى شەرەپ ۋە ھەيۋەتتۇر،
ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى مەڭگۈگە تۇرىدۇ.
[4] ئۇ ئۆز مۆجىزىلىرىنى ياد ئەتكۈزىدۇ؛
پەرۋەردىگار مېھىر-شەپقەتلىك ھەم رەھىمدىللىقتۇر.
[5] ئۇ ئۆزىدىن ئەيمەنگەنلەرنى ئاش بىلەن تەمىنلەيدۇ؛
ئۆز ئەھدىسىنى ھەمىشە ياد ئېتىدۇ.
[6] ئۇ ئەللەرنىڭ مىراسىنى ئۆز خەلقىگە بېرىپ،
ئۆز قۇدرىتىنى خەلقىگە كۆرسەتتى.
[7] ئۇنىڭ قولى قىلغانلىرى ھەقىقەت-ساداقەت ۋە ئادىللىقتۇر؛
ئۇنىڭ بارلىق كۆرسەتمىلىرى ئىشەنچلىكتۇر.
[8] بۇلار ئەبەدىلئەبەدگىچە ئىناۋەتلىكتۇر؛
ھەقىقەتتە ھەم دۇرۇسلۇقتا چىقىرىلغاندۇر.
[9] ئۇ ئۆز خەلقىگە نىجاتلىق ئەۋەتتى؛
ئۆز ئەھدىسىنى ئەمر قىلىپ مەڭگۈگە بېكىتتى؛
مۇقەددەس ھەم سۈرلۈكتۇر ئۇنىڭ نامى.
[10] پەرۋەردىگاردىن قورقۇش دانالىقنىڭ باشلىنىشىدۇر؛

---

1:111 «ھەمدۇسانا! كۆڭلى دۇرۇسلارنىڭ مەشرىپىدە، *ھەم جامائەتتە تۇرۇپ...» — بۇ كۈي «ئېلىپبە تەرتىپلىك» كۈي؛ بىراق ئىبرانىي تىلنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا جۈملە تەرتىپلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكى تۈپەيلىدىن، «ئېلىپبەلىك» نۇسخىنى كۆرسىتەلمىدۇق.

ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى تۇتقانلارنىڭ ھەممىسى يورۇتۇلغان ئادەملەردۇر؛
ئۇنىڭ مەدھىيىسى مەڭگۈ تۇرىدۇ.

## 112-كۈي
## خۇدادىن ئەيمەندۈرگەن كىشى
## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

112 [1] ھەمدۇسانا!
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىدىغان،
ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى زور خۇرسەنلىك دەپ بىلىدىغان ئادەم بەختلىكتۇر!
[2] ئۇنىڭ نەسلى زېمىندا تۇرۇپ كۈچ-قۇدرەتلىك بولىدۇ؛
دۇرۇسلارنىڭ دەۋرى بەختلىك بولىدۇ.
[3] ئۇنىڭ ئۆيىدە دۆلەت ھەم بايلىقلار بولىدۇ؛
ھەققانىيلىقى مەڭگۈگە تۇرىدۇ.
[4] قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان دۇرۇس ئادەمگە نۇر پەيدا بولىدۇ؛
ئۇ شەپقەتلىك، رەھىمدىل ھەم ھەققانىيدۇر.
[5] خەيرخاھ، ئۆتنە بېرىپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ بەختى بولىدۇ؛
ئۇ ئۆز ئىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن يۈرگۈزىدۇ.
[6] بەرھەق، ئۇ ئەبەدىي تەۋرىتىلمەيدۇ؛
ھەققانىي ئادەم مەڭگۈگە ئەسلىنىدۇ.
[7] ئۇ شۇم خەۋەردىن قورقمايدۇ؛

1:112 **«ھەمدۇسانا! پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىدىغان، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى زور خۇرسەنلىك دەپ بىلىدىغان ئادەم بەختلىكتۇر!...»** — بۇ كۈي «ئېلىپبە تەرتىپلىك» كۈي؛ بىراق ئىبرانىي تىلنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا جۈملە تەرتىپلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكى تۈپەيلىدىن، «ئېلىپبە تەرتىپلىك» نۇسخىنى كۆرستەلمىدۇق.

1:112 زەب. 1:1، 2

5:112 **«ئۇ ئۆز ئىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن يۈرگۈزىدۇ»** — باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى بار: — «ئۇ ئۆز ئادىللىقى بىلەن ئۆز ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرىدۇ» ياكى «دەۋادا بولسا ھۆكۈم ئۇنىڭ تەرپىدە بولىدۇ». مۇمكىنچىلىكى باركى، يازغۇچى بۇ ئۈچ مەنىنىڭ ھەممىسىنى كۆزدە تۇتقان.

ئۇنىڭ كۆڭلى توق ھالدا، پەرۋەردىگارغا تايانغان.
8 دىلى مەھكەم قىلىنغان، ئۇ قورقمايدۇ؛
ئاخىرىدا ئۇ رەقىبلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرىدۇ.
9 ئۇ ئۆزىنىڭكىنى مەردلەرچە تارقاتقان،
يوقسۇللارغا بېرىدۇ؛
ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى مەڭگۈگە تۇرىدۇ؛
ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئىززەت-شۆھرەت بىلەن كۆتۈرۈلىدۇ.
10 رەزىل ئادەم بۇنى كۆرۈپ چىدىمايدۇ،
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ، ئۇ ئېرىپ كېتىدۇ؛
رەزىللەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋىسى يوقىتىلىدۇ.

## 113-كۈي

## خۇدا شەپقىتىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدۇ

113
1 ھەمدۇسانا!
مەدھىيىلەڭلار، ئى پەرۋەردىگارنىڭ قۇللىرى،
پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى مەدھىيىلەڭلار!
2 ھازىردىن باشلاپ، ئەبەدىلئەبەدگىچە،
پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇلسۇن!
3 كۈن چىقاردىن كۈن پاتارغا،
پەرۋەردىگارنىڭ نامى مەدھىيىلىنىشكە لايىقتۇر!
4 پەرۋەردىگار ئەللەردىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛
شان-شەرىپى ئەرشلەردىن يۇقىرىدۇر.
5 كىممۇ پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا تەڭ بولالىسۇن —
ئۆز ماكانى يۇقىرىدا بولسىمۇ،
6 ئاسمانلارغا ھەم يەرگە قاراش ئۈچۈن،

113:2 دان. 2:20
113:3 مال. 1:11

ئۆزىنى تۆۋەن قىلغۇچىغا؟
7 نامرات كىشىنى ئۇ توپا-چاڭدىن كۆتۈرىدۇ؛
قىغلىقتىن يوقسۇلنى يۇقىرىلىتىدۇ؛
8 ئۇنى ئېسىلزادىلەر قاتارىغا،
يەنى ئۆز خەلقىنىڭ ئېسىلزادىلىرى ئارىسىغا ئولتۇرغۇزىدۇ؛
9 ئۇ تۇغماس ئايالنى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ،
ئۇنى ئوغۇللارنىڭ خۇشال ئانىسى قىلىدۇ.
ھەمدۇسانا!

## 114-كۈي

## خۇدانىڭ ئىسرائىل خەلقىنىڭ مىسىردىن چىقىشىدا ئۇلارغا نامايان قىلغان ئۇلۇغلۇقى

114 1 ئىسرائىل مىسىردىن،
ياقۇپ جەمەتى يات تىللىق ئەللەردىن چىققاندا،
2 شۇ چاغدا يەھۇدا خۇدانىڭ مۇقەددەس جايى،
ئىسرائىل ئۇنىڭ سەلتەنىتى بولدى،
3 دېڭىز بۇنى كۆرۈپ بەدەر قاچتى،
ئىئوردان دەرياسى كەينىگە ياندى؛
4 تاغلار قوچقارلاردەك،
دۆڭلەر قوزىلاردەك ئويناقلىدى.
5 ئەي دېڭىز، سەن نېمە بولدۇڭ، قاچقىلى؟
ئىئوردان دەرياسى، يولۇڭدىن يانغىلى؟
6 تاغلار قوچقارلاردەك،
دۆڭلەر قوزىلاردەك ئويناقلىغىلى؟
7 ئى يەر يۈزى، رەببىڭ جامالىدىن،

**7:113** 1سام. 2:8؛ زەب. 41:107
**1:114** مىس. 3:13

ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ جامالىدىن تەۋرەن؛
8 ئۇ قورام تاشنى كۆلچەككە،
چاقماق تېشىنى مول بۇلاق سۇلىرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

## 115-كۈي
## بۇتلارغا چوقۇنغانلار ھەم خۇداغا ئىبادەت قىلغانلار

115 1 بىزگە ئەمەس، ئى پەرۋەردىگار، بىزگە ئەمەس ـ
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن، ھەقىقەت-ساداقىتىڭ
ئۈچۈن،
ئۆز نامىڭغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەيسەن.
2 ئەللەر نېمىشقا «ئۇلارنىڭ خۇداسى قەيەردە؟» دەپ مازاق قىلىشىدۇ؟
3 بىراق خۇدايىمىز بولسا ئەرشلەردىدۇر؛
نېمىنى خالىسا، ئۇ شۇنى قىلغاندۇر.
4 ئۇلارنىڭ بۇتلىرى بولسا پەقەت كۈمۈش-ئالتۇندىن ئىبارەت،
ئىنسانىنىڭ قوللىرى ياسىغىنىدۇر، خالاس.
5 ئۇلارنىڭ ئاغزى بار، بىراق سۆزلىيەلمەيدۇ؛
كۆزلىرى بار، كۆرمەيدۇ؛
6 قۇلاقلىرى بار، ئاڭلىمايدۇ،
بۇرنى بار، پۇرىيالمايدۇ؛
7 قوللىرى بار، سىلىيالمايدۇ؛
پۇتلىرى بار، ماڭالمايدۇ؛
كانىيىدىن ھېچبىر سادا چىقارمايدۇ.
8 ئۇلارنى ياسىغانلار ئۇلارغا ئوخشاشتۇر،

---

8:114 «ئۇ قورام تاشنى كۆلچەككە، چاقماق تېشىنى مول بۇلاق سۇلىرىغا ئايلاندۇرىدۇ» ــ «چاقماق تېشى» تاشلار ئىچىدە ئەڭ قاتتىق تاش ھېسابلىنىدۇ. «قان.» 15:8نى كۆرۈڭ.

**8:114** مىس. 6:17؛ چۆل. 11:20

**5:115** قان. 28:4؛ يەر. 3:10، 4، 5، 9-16

ئۇلارغا تايانغانلارمۇ شۇنداقتۇر.
9 ئى ئىسرائىل، پەرۋەردىگارغا تايىنىڭلار؛
ئۇ سىلەرگە ياردەم قىلغۇچىڭلار ھەم قالقىنىڭلاردۇر.
10 ئى ھارۇن جەمەتى، پەرۋەردىگارغا تايىنىڭلار؛
ئۇ سىلەرگە ياردەم قىلغۇچى ھەم سىلەرنىڭ قالقىنىڭلاردۇر.
11 پەردەردىگاردىن ئەيمىنىدىغانلار، پەرۋەردىگارغا تايىنىڭلار؛
ئۇ سىلەرگە ياردەم قىلغۇچى ھەم قالقىنىڭلاردۇر.
12 پەرۋەردىگار بىزنى ئەسلەپ كەلدى؛
ئۇ بەخت ئاتا قىلىدۇ؛
ئۇ ئىسرائىل جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلىدۇ؛
ئۇ ھارۇن جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلىدۇ؛
13 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىدىغانلارغا،
چوڭلىرى ھەم كىچىكلىرىگىمۇ بەخت ئاتا قىلىدۇ.
14 پەرۋەردىگار سىلەرگە قوشلاپ بېرىدۇ،
سىلەرگە ھەم پەرزەنتلىرىڭلارغا؛
15 سىلەرگە پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بەخت ئاتا قىلىنغان،
ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچىدىن بەرىكەتلەنگەن!
16 ئاسمانلار بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ئاسمانلىرىدۇر؛
بىراق زېمىننى بولسا ئىنسان بالىلىرىغا تاپشۇرغاندۇر.
17 ئۆلۈكلەر ياھنى مەدھىيىلىيەلمەيدۇ،
سۈكۈت دىيارىغا چۈشۈپ كەتكەنلەرمۇ شۇنداق؛
18 بىراق بىزلەر ھازىردىن باشلاپ ياھقا ئەبەدىلئەبەدگىچە تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرىمىز!
ھەممدۇسانا!

---

10:115 **«ئۇ سىلەرگە ياردەم قىلغۇچى ھەم سىلەرنىڭ قالقىنىڭلاردۇر»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ئۇلارغا ياردەم قىلغۇچى ھەم ئۇلارنىڭ قالقىنىڭلاردۇر» دېيىلىدۇ. 10-11-ئايەتلەردىمۇ شۇنداق.

## 116-كۈي
## خۇدانىڭ ئۆلتىپاتىغا گۇۋاھلىق بېرىش

116 [1] مەن پەرۋەردىگارنى سۆيىمەن،
چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى، يېلىنىشلىرىمنى ئاڭلىغان.
[2] چۈنكى ئۇ قۇلىقىنى ماڭا سالدى،
شۇڭا مەن بارلىق كۈنلىرىمدە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ چاقىرىمەن.
[3] ئۆلۈم ئاسارەتلىرى مېنى چىرمىۋالدى؛
تەھتىسارانىڭ دەردلىرى مېنى تۇتۇۋالدى؛
مەن پېشكەللىككە يولۇقتۇم، ئەلەم تارتتىم؛
[4] شۇنىڭ بىلەن مەن پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا توختىماي نىدا قىلدىم: ــ
«سەندىن ئۆتۈنىمەن، ئى پەرۋەردىگار،
جېنىمنى قۇتۇلدۇرغايسەن!
[5] شەپقەتلىكتۇر پەرۋەردىگار، ھەققانىيدۇر؛
خۇدايىمىز رەھىمدىلدۇر.
[6] پەرۋەردىگار ناداننى ساقلايدۇ؛
مەن خاراب ئەھۋالغا چۈشۈرۈلدۈم، ئۇ مېنى قۇتقۇزدى.
[7] ھەي جېنىم، قايتىدىن خاتىرجەم بول؛
چۈنكى پەرۋەردىگار سېخىيلىك، مېھرىبانلىق كۆرسەتتى؛
[8] چۈنكى سەن جېنىمنى ئۆلۈمدىن، كۆزلىرىمنى ياشلاردىن،
ئاياغلىرىمنى پۇتلىشىشتىن قۇتقۇزغانسەن.
[9] مەن پەرۋەردىگار ئالدىدا تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا ماڭىمەن؛
[10] ئىشەنگىنىم ئۈچۈن مۇنداق سۆز قىلغانمەن: ــ

---

**3:116** 2سام. 22:5، 6
**7:116** زەب. 13:6

**«مەن قاتتىق خار قىلىنغانمەن».**
**11 جىددىيلەشكىنىمدىن: ــ «ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يالغانچى!» ــ دېگەنمەن.**
**12 ماڭا كۆرسەتكەن بارلىق ياخشىلىقلىرىنى مەن نېمە بىلەن پەرۋەردىگارغا قايتۇرىمەن؟**
**13 ــ نىجاتلىق قەدەھىنى قولۇمغا ئالىمەن،**
**ۋە پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى چاقىرىپ ئىلتىجا قىلىمەن؛**
**14 مەن قىلغان قەسەملىرىمنى پەرۋەردىگار ئالدىدا ئادا قىلىمەن؛**
**بەرھەق، ئۇنىڭ بارلىق خەلقى ئالدىدا ئۇلارنى ئادا قىلىمەن.**
**15 پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە،**
**ئۆز مۆمىن بەندىلىرىنىڭ ئۆلۈمى قىممەتلىك ئىشتۇر!**
**16 ئاھ پەرۋەردىگار، مەن بەرھەق سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن؛**
**مەن سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن، دېدىكىڭنىڭ ئوغلى ئىكەنمەن؛**
**سەن مېنىڭ ئاسارەتلىرىمنى يەشكەنسەن؛**
**17 مەن ساڭا تەشەككۇر قۇربانلىقلىرىنى سۇنىمەن،**
**پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى چاقىرىپ ئىلتىجا قىلىمەن؛**
**18 مەن قىلغان قەسەملىرىمنى پەرۋەردىگار ئالدىدا ئادا قىلىمەن؛**
**بەرھەق، ئۇنىڭ بارلىق خەلقى ئالدىدا ئۇلارنى ئادا قىلىمەن؛**
**19 پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ھويلىلىرىدا،**
**سېنىڭ ئوتتۇرۇڭدا تۇرۇپ، ئى يېرۇسالېم،**
**قەسەملىرىمنى ئادا قىلىمەن!**
**ھەمدۇسانا!**

---

10:116 **«ئىشەنگىنىم ئۈچۈن سۆز قىلغانمەن»** ــ (ياكى «ئىشەندىم، شۇڭا سۆز قىلدىم...») ــ بۇنىڭ مەنىسى، بەلكىم، مېنىڭ خۇداغا دەردىمنى تۆكۈشۈم ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ، دېمەكچى («2كور.» 13:4نىمۇ كۆرۈڭ).

**10:116** 2كور. 13:4

**11:116** رىم. 4:3

17:116 **«مەن ساڭا تەشەككۇر قۇربانلىقلىرىنى سۇنىمەن»** ــ «تەشەككۇر قۇربانلىقى» مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېكىتىلگەن يەنە بىرخىل قۇربانلىق («لاۋ.» 7-بابنى كۆرۈڭ).

## 117-كۈي
## خۇدانىڭ پۈتكۈل دۇنياغا بولغان مۇھەببىتى

117 [1] پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەڭلار، بارلىق ئەللەر؛
ھەممە خەلقلەر، ئۇنى ماختاڭلار!
[2] چۈنكى بىزگە باغلىغان ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى غەلىبىلىكتۇر؛
ھەم پەرۋەردىگارنىڭ ھەقىقەت-ساداقىتى مەڭگۈلۈكتۇر!
ھەمدۇسانا!

## 118-كۈي
## «پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچىگە مۇبارەك بولسۇن!»

118 [1] پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىڭلار، چۈنكى ئۇ مېھرىباندۇر؛
ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈدۇر!
[2] ئىسرائىل: « ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈدۇر» ــ دېسۇن!
[3] ھارۇن جەمەتى: «ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈدۇر» ــ دېسۇن!
[4] پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغانلار: «ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈدۇر» ــ دېسۇن!
[5] قىستاقتا قېلىپ ياھقا نىدا قىلدىم؛
ياھ جاۋاب بېرىپ، مېنى كەڭرى-ئازادىلىكتە تۇرغۇزدى.
[6] پەرۋەردىگار مەن تەرەپتىدۇر، مەن قورقمايمەن؛
ئىنسان مېنى نېمە قىلالىسۇن؟
[7] پەرۋەردىگار ماڭا ياردەم قىلغۇچىلار ئارىسىدا بولۇپ، مېنىڭ تەرىپىمدىدۇر؛
ئۆچمەنلىرىمنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرىمەن.
[8] پەرۋەردىگارنى باشپاناھىم قىلىش،

1:117 رىم. 11:15
6:118 رىم. 31:8

ئىنسانغا تايىنىشتىن ئەۋزەلدۇر؛
9 پەرۋەردىگارنى باشپاناھىم قىلىش،
ئەمىرلەرگە تايىنىشتىن ئەۋزەلدۇر.
10 بارلىق ئەللەر مېنى قورشىۋالدى؛
بىراق پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن؛
11 ئۇلار مېنى قورشىۋالدى؛ بەرھەق، قورشىۋالدى؛
بىراق پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن مەن ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن؛
12 ئۇلار ھەرىلەردەك مېنى قورشىۋالدى؛
ئۇلار يېقىلغان يانتاق ئوتىدەك تېزلا ئۆچۈرۈلدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن مەن ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن.
13 سەن دۈشمەن مېنى زەرب بىلەن ئىتتەردىڭ،
يىقىلغىلى تاس قالدىم؛
بىراق پەرۋەردىگار ماڭا ياردەمدە بولدى.
14 كۈچۈم ۋە ناخشام بولسا ياھدۇر؛
ئۇ مېنىڭ نىجاتلىقىم بولدى!
15 ھەققانىيلارنىڭ چېدىرلىرىدا شادلىق ۋە نىجاتلىقنىڭ تەنتەنىلىرى
ياڭرىتىلماقتا؛
پەرۋەردىگارنىڭ ئوڭ قولى زەپەر قۇچماقتا!
16 پەرۋەردىگارنىڭ ئوڭ قولى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن!
پەرۋەردىگارنىڭ ئوڭ قولى زەپەر قۇچماقتا!
17 مەن ئۆلمەيمەن، بەلكى ياشايمەن،
ياھنىڭ قىلغانلىرىنى جاكارلايمەن.

---

**8:118** زەب. 8:62، 9؛ 3:146؛ يەر. 5:17، 7

**10:118** **«بارلىق ئەللەر مېنى قورشىۋالدى؛ بىراق پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن؛...»** — بۇ كۈيدىكى 10-29-ئايەتلەر كىمنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەر ئىنجىل، «ماتتا»، «ماركۇس» ھەم «لۇقا» قىسىملىرىدىكى ئاخىرقى نەچچە بابلاردىن كۆرەلەيدۇ

**10:118** زەب. 43:18، 47، 48؛ يەش. 1:11-10؛ رىم. 12:15

**16:118** لۇقا 51:1

18 پەرۋەردىگار ماڭا قاتتىق تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ،
بىراق ئۇ مېنى ئۆلۈمگە تاپشۇرمىدى.
19 ھەققانىيەت دەرۋازىلىرىنى ماڭا ئېچىپ بېرىڭلار؛
مەن كىرىمەن، ياھنى مەدھىيىلەيمەن.
20 بۇ پەرۋەردىگارنىڭ دەرۋازىسىدۇر؛
ھەققانىيلار بۇنىڭدىن كىرىدۇ!
21 مەن ساڭا تەشەككۇر ئېيتىمەن؛
چۈنكى سەن ماڭا جاۋاب قايتۇردۇڭ،
ھەم مېنىڭ نىجاتلىقىم بولدۇڭ.
22 تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش بولسا،
بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەندى.
23 بۇ ئىش پەرۋەردىگاردىندۇر،
بۇ كۆزىمىز ئالدىدا كارامەت بولدى.
24 بۇ پەرۋەردىگار ياراتقان كۈندۇر؛
بىز ئۇنىڭدا شادلىنىپ خۇرسەن بولىمىز.
25 قۇتقۇزغايسەن، ئى پەرۋەردىگار، سەندىن ئۆتۈنىمەن؛
سەندىن ئۆتۈنىمەن، بىزنى ياشناتقايسەن!
26 پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچىگە مۇبارەك بولسۇن!
بىز پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ساڭا «مۇبارەك!» دەپ تۇۋلىدۇق.
27 پەرۋەردىگار تەڭرىدۇر؛

---

**19:118** يەش. 2:26

**22:118** **«تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش بولسا، بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەندى»** — «مات.» 42:20نى كۆرۈڭ.

**22:118** يەش. 14:8؛ 16:28؛ مات. 42:21؛ مار. 10:12؛ لۇقا 17:20؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ ئەف. 20:2؛ 1پېت. 4:2، 7

**23:118** يەش. 14:29

**25:118** **«قۇتقۇزغايسەن، ئى پەرۋەردىگار!»** — ئىبرانىي تىلىدا «ھوشاننا!» دېگەن سۆز. «مات.»، 9:21نى كۆرۈڭ.

**25:118** مات. 9:21، 15؛ مار. 9:11، 10؛ يۇھ. 13:12

ئۇ ئۈستىمىزگە نۇر بەرگەن؛
ھېيتلىق قۇربانلىقنى تانىلار بىلەن باغلاڭلار،
قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە ئېلىپ باغلاڭلار.
28 سەن مېنىڭ ئىلاھىمدۇرسەن،
مەن ساڭا تەشەككۈر ئېيتىمەن؛
مېنىڭ خۇدايىم، مەن سېنى ئۇلۇغلايمەن.
29 پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىڭلار؛
چۈنكى ئۇ مېھرىباندۇر؛
ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈدۇر!

## 119-كۈي
## خۇدانىڭ سۆز-كالامى گۆھەردۇر!
## «ئېلىپبە تەرتىپلىك» كۈي — 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

119
1 |א| (ئالەف) يولدا مۇكەممەل بولغانلار،
پەرۋەردىگار تەۋرات-قانۇنىدا ماڭىدىغانلار بەختلىكتۇر!
2 ئۇنىڭ ئاگاھ-گۇۋاھلىرىنى تۇتقانلار،

---

27:118 «**ھېيتلىق قۇربانلىقنى تانىلار بىلەن باغلاڭلار، — قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە ئېلىپ باغلاڭلار**» — مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى قۇربانگاھنىڭ تۆت بۇرجىكىنىڭ ھەربىرىگە بىر «مۈڭگۈز» (ئىلمەك) بېكىتىلگەن. «مۇقەددەس چېدىر»نى كۆرسىتىدىغان سىخېمىلارنى كۆرۈڭ

1:119 «א **ئالەف يولدا مۇكەممەل بولغانلار، پەرۋەردىگار تەۋرات-قانۇنىدا ماڭىدىغانلار بەختلىكتۇر!**» — بۇ 119-كۈي «ئېلىپبە تەرتىپلىك» كۈي. ھەر سەككىز ئايەت بىر گۇرۇپپا بولىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپىدىكى سەككىز ئايەت ئوخشاش ھەرب بىلەن باشلىنىدۇ، ھەربىر گۇرۇپپا (جەمئىي 22 گۇرۇپپا) ئىبرانىي تىلىنىڭ ئېلىپبەلىك تەرتىپى بويىچە يېگى بىر ھەرپ بىلەن باشلىنىدۇ. «**پەرۋەردىگار تەۋرات-قانۇنىدا ماڭىدىغانلار بەختلىكتۇر!**» — «تەۋرات» (توراھ) دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلى بولۇپ، ئەسلىدە «يوليورۇق»، «تەربىيە» دېگەن مەنىدە، بۇ يەردە: «قانۇن»، «تەلىم»، «خۇدا بەرگەن بارلىق كىتابلار» دېگەن ئومۇمىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» «مىسىردىن چىقىش» «لاۋىيلىقلار» «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» ھەم «قانۇن شەرھى» دېگەن ئالدىنقى بەش قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

**1:119** زەب. 1:1

ئۇنى چىن قەلبى بىلەن ئىزدىگەنلەر،
3 ھېچبىر ھەقسىزلىقنى قىلمىغانلار بەختلىكتۇر!
ئۇلار ئۇنىڭ يوللىرىدا ماڭىدۇ.
4 كۆرسەتمىلىرىڭگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن،
ئۆزۈڭ ئۇلارنى بېكىتكەنسەن.
5 ئاھ، يوللىرىمنىڭ يۆنىلىشى بەلگىلىمىلىرىڭگە ئەمەل قىلىشقا
بېكىتىلگەي!
6 شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىڭنى ئەتىۋارلىسام،
مەن يەرگە قاراپ قالمايمەن.
7 سېنىڭ ھەققانىي ھۆكۈملىرىڭنى ئۆگىنىپ،
دۇرۇس كۆڭۈلدىن ساڭا تەشەككۇر ئېيتىمەن.
8 مەن بەلگىلىمىلىرىڭنى چوقۇم تۇتىمەن؛
مېنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتمىگەيسەن!
9 ב (بەت) ياش بىر يىگىت قانداق قىلىپ ئۆز يولىنى پاك تۇتالايدۇ؟
سېنىڭ سۆز-كالامىڭنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلىش بىلەنلا.
10 پۈتۈن قەلبىم بىلەن مەن سېنى ئىزدىدىم؛
مېنى ئەمرلىرىڭدىن ئاداشتۇرمىغايسەن؛
11 گۇناھ قىلىپ ساڭا قارشى چىقماسلىقىم ئۈچۈن،
سۆزۈڭنى كۆڭلۈمگە مەھكەم پۈكۈۋالدىم.
12 مۇبارەكدۇرسەن پەرۋەردىگار،
ماڭا ئۆز بەلگىلىمىلىرىڭنى ئۆگەتكەيسەن.
13 لەۋلىرىم بىلەن مەن بايان قىلىمەن،
ئاغزىڭدىكى بارلىق ھۆكۈملىرىڭنى.
14 تۈرلۈك بايلىقلاردىن شادلانغاندەك،
ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭغا ئەگەشكەن يولدا شادلاندىم.
15 مەن كۆرسەتمىلىرىڭ ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلىنىمەن؛
ئىزلىرىڭغا قاراپ ئويلىنىمەن.
16 بەلگىلىمىلىرىڭنى خۇرسەنلىك دەپ بىلىمەن؛

سۆز-كالامىڭنى ئۇنتۇمايمەن.
17 |ג| (گىمەل) قۇلۇڭغا مېھرىبانلىقنى كۆرسەتكەيسەن، شۇنىڭ بىلەن
مەن ياشايمەن،
كالامىڭغا بويسۇنىمەن.
18 تەۋرات-قانۇنۇڭدىن كارامەت سىرلارنى كۆرۈشۈم ئۈچۈن،
كۆزلىرىمنى ئاچقايسەن!
19 مەن بۇ دۇنيادا مۇساپىرمەن؛
ئەمرلىرىڭنى مەندىن يوشۇرمىغايسەن.
20 ھۆكۈملىرىڭگە ھەرقاچان ئىنتىزار بولۇپ،
يۈرىكىم ئېزىلىپ كېتەي دەپ قالدى.
21 سەن لەنەتكە بۇيرۇلغان تەكەببۇرلارغا تەنبىھ بېرىسەن،
ئۇلار ئەمرلىرىڭدىن ئادىشىپ كېتىدۇ.
22 مەندىن ئاھانەت ھەم مەسخىرىنى يىراققا كەتكۈزگەيسەن؛
چۈنكى ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭنى تۇتىمەن.
23 ئەمىرلەر ئولتۇرۇپ يامان گېپىمنى قىلىشماقتا؛
سېنىڭ قۇلۇڭ بولسا بەلگىلىمىلىرىڭ ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلايدۇ.
24 سېنىڭ ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭ مېنىڭ خۇرسەنلىكىم،
مېنىڭ مەسلىھەتچىلىرىمدۇر.
25 |ד| (دالەت) مېنىڭ جېنىم تۇپراققا يېپىشقان؛
سۆز-كالامىڭ بويىچە مېنى يېڭىلاندۇرغايسەن.
26 ئۆز يوللىرىمنى ئالدىڭدا ئوچۇق بايان قىلدىم،
سەن ماڭا جاۋاب بەردىڭ؛
ماڭا بەلگىلىمىلىرىڭنى ئۆگەتكەيسەن.
27 مېنى كۆرسەتمىلىرىڭنىڭ يولىنى چۈشىنىدىغان قىلغايسەن،

**17:119** زەب. 2:103؛ 7:116

**19:119** يار. 9:47؛ 1تار. 15:29؛ زەب. 12:39؛ ئىبر. 13:11

**24:119** زەب. 3:43؛ 1:112؛ 35:119، 47، 77، 174؛

**26:119** زەب. 4:25؛ 11:27؛ 11:86

ئاندىن مەن كارامەتلىرىڭ ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلىنىمەن.
28 جېنىم قايغۇ بىلەن ئېرىپ كېتىدۇ؛
سۆز-كالامىڭ بويىچە مېنى كۈچلەندۈرگەيسەن.
29 مەندىن ئالدامچى يولنى نېرى قىلغايسەن؛
شەپقەت قىلىپ ماڭا تەۋرات-قانۇنۇڭنى بېغىشلىغايسەن؛
30 مەن ھەقىقەت-ساداقەت يولىنى تاللىۋالدىم؛
ھۆكۈملىرىڭنى ئالدىمدا قويدۇم.
31 ئاگاھ-گۇۋاھلىرىڭنى چىڭ تۇتىمەن؛
پەرۋەردىگار، مېنى ئۇياتقا قالدۇرمىغايسەن.
32 سەن مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ-ئازادە قىلىشىڭ بىلەن،
ئەمرلىرىڭ يولىغا ئەگىشىپ يۈگۈرىمەن.
33 |ה| (خې) ئى پەرۋەردىگار، بەلگىلىمىلىرىڭنىڭ يولىنى ماڭا ئايان قىلغايسەن؛
مەن ئۇنى ئاخىرغىچە تۇتىمەن.
34 مېنى يورۇتقايسەن، مەن تەۋرات-قانۇنۇڭنى تۇتىمەن،
شۇنداقلا پۈتۈن قەلبىم بىلەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىمەن.
35 مېنى ئەمرلىرىڭنىڭ يولىدا ماڭدىدىغان قىلغايسەن؛
چۈنكى ئۇلارنى خۇرسەنلىك دەپ بىلىمەن.
36 مېنىڭ قەلبىمنى شەخسىي مەنپەئەتكە ئەمەس،
بەلكى ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭغا مايىل قىلغايسەن.
37 كۆزلىرىمنى ساختىنى كۆرۈشتىن ياندۇرغايسەن؛
مېنى يولۇڭدا جانلاندۇرغايسەن؛
38 سەن قۇلۇڭغا بولغان ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن؛
شۇنىڭ بىلەن خەقلەر سەندىن ئەيمىنىدۇ.
39 مەن قورققان شەرمەندىلىكنى نېرى كەتكۈزگەيسەن؛

38:119 **«سەن قۇلۇڭغا بولغان ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن؛ شۇنىڭ بىلەن خەقلەر سەندىن ئەيمىنىدۇ»** — باشقا بىرنەچچە تەرجىمىلىرى بار، جۈملىدىن: «سېنىڭ ئەيمىنىشىڭگە بېرىلگەن قۇلۇڭ ئۈچۈن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن».

چۈنكى سېنىڭ ھۆكۈملىرىڭ ئەلادۇر.

40 مانا، مەن كۆرسەتمىلىرىڭگە تەشنا بولۇپ كەلدىم؛
ئۆز ھەققانىيىتىڭدە مېنى جانلاندۇرغايسەن؛

41 |ו|: (ۋاۋ) ۋە مېھىر-مۇھەببەتلىرىڭ يېنىمغا كەلسۇن، ئى پەرۋەردىگار؛
ۋەدەڭ بويىچە نىجاتلىقىڭ يېنىمغا كەلسۇن؛

42 شۇندا مەندە مېنى مەسخىرە قىلغۇچىغا بەرگۈدەك جاۋاب بولىدۇ؛
چۈنكى سۆزۈڭگە تايىنىمەن.

43 ۋە ئاغزىمدىن ھەقىقەتنىڭ سۆزىنى ئېلىپ تاشلىمىغايسەن؛
چۈنكى ھۆكۈملىرىڭگە ئۈمىد باغلىدىم؛

44 شۇندا مەن سېنىڭ تەۋرات-قانۇنۇڭنى ھەر قاچان تۇتىمەن،
بەرھەق، ئەبەدىلئەبەدگىچە تۇتىمەن؛

45 شۇندا مەن ئازادىلىكتە ماڭىمەن؛
چۈنكى كۆرسەتمىلىرىڭنى ئىزدىدىم.

46 شۇندا مەن پادىشاھلار ئالدىدا ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭ توغرۇلۇق سۆزلەيمەن،
بۇ ئىشلاردا مەن يەرگە قاراپ قالمايمەن.

47 ۋە ئەمرلىرىڭنى خۇرسەنلىك دەپ بىلىمەن،
چۈنكى ئۇلارنى سۆيۈپ كەلدىم؛

48 مەن سۆيۈپ كەلگەن ئەمرلىرىڭگە قوللىرىمنى سوزۇپ ئىنتىلىمەن،
ۋە بەلگىلىمىلىرىڭ ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلىنىمەن.

49 |ז|: (زائىن) سەن قۇلۇڭغا بەرگەن سۆزۈڭنى،
يەنى ماڭا ئۈمىد بېغىشلىغان كالامىڭنى ئەسلىگەيسەن.

50 ئۇ بولسا دەردىمگە بولغان تەسەللىدۇر؛

---

41:119 «ו: ۋاۋ ۋە مېھىر-مۇھەببەتلىرىڭ يېنىمغا كەلسۇن، ئى پەرۋەردىگار....» — مۇشۇ سەككىز ئايەت (41-48-ئايەت) ھەممىسى ئىبرانىي تىلدا: «ۋاۋ» بىلەن باشلىنىدۇ؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى «ۋە» مۇشۇ «ۋاۋ»دىن (ئەرەب تىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن) كەلگەن.

48:119 «مەن سۆيۈپ كەلگەن ئەمرلىرىڭگە قوللىرىمنى سوزۇپ ئىنتىلىمەن» — ياكى «مەن سۆيۈپ كەلگەن ئەمرلىرىڭگە قوللىرىمنى سوزۇپ كۆتۈرىمەن».

چۈنكى سۆز-ۋەدەڭ مېنى جانلاندۇردى.
51 تەكەببۇرلار ئەشەددىي ھاقارەتلىگىنى بىلەن،
لېكىن تەۋرات-قانۇنۇڭدىن ھېچ چەتنىمىدىم.
52 قەدىمدە بېكىتىلگەن ھۆكۈملىرىڭنى يادىمغا كەلتۈردۈم، ئى پەرۋەردىگار،
شۇنداق قىلىپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم.
53 تەۋرات-قانۇنۇڭنى تاشلىۋەتكەن رەزىللەر ۋەجىدىن،
ئوتلۇق غەزەپ مەندە قايناپ تاشتى.
54 مۇساپىر بولۇپ تۇرغان جايىمدا،
كۆرسەتمىلىرىڭ مېنىڭ ناخشىلىرىم بولدى.
55 كېچىدە، ئى پەرۋەردىگار، نامىڭنى ئەسلەپ يۈردۈم،
تەۋرات-قانۇنۇڭنى تۇتۇپ كەلدىم.
56 مەن بۇنىڭغا نېسىپ بولدۇم،
چۈنكى مەن كۆرسەتمىلىرىڭگە ئىتائەت قىلىپ كەلدىم.
57 ח (خەت) ئۆزۈڭ مېنىڭ نېسىۋەمدۇرسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
«سېنىڭ سۆز-كالامىڭنى تۇتاي» ــ دېدىم.
58 مەن پۈتۈن قەلبىم بىلەن دىدارىڭغا ئىنتىلىپ يېلىندىم؛
ۋەدەڭ بويىچە ماڭا شاپائەت كۆرسەتكەيسەن.
59 مەن يوللىرىڭ ئۈستىدە ئويلاندىم،
ئاياغلىرىمنى ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭغا قارىتىپ بۇرىدىم.
60 مەن ئالدىرىدىم، ھېچ كېچىكمىدىم،
سېنىڭ ئەمرلىرىڭگە ئەمەل قىلىشقا.

---

55:119 زەب. 7:16؛ 8:42

57:119 **«ئۆزۈڭ مېنىڭ نېسىۋەمدۇرسەن، ئى پەرۋەردىگار؛ «سېنىڭ سۆز-كالامىڭنى تۇتاي» ــ دېدىم»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «مېنىڭ نېسىۋەم، ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ سۆز-كالامىڭنى تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر، ــ دېدىم».

58:119 **«مەن پۈتۈن قەلبىم بىلەن دىدارىڭغا ئىنتىلىپ يېلىندىم»** ــ ياكى «مەن پۈتۈن قەلبىم بىلەن ئىلتىپاتىڭغا ئىنتىلىپ يېلىندىم».

61 رەزىللەرنىڭ ئاسارەتلىرى مېنى چىرمىۋالغىنى بىلەن،
مەن تەۋرات-قانۇنۇڭنى ھېچ ئۇنتۇمىدىم.
62 ھەققانىي ھۆكۈملىرىڭ ئۈچۈن،
تۈن كېچىدە تەشەككۈر ئېيتقىلى قوپىمەن.
63 مەن سەندىن قورقىدىغانلارنىڭ،
كۆرسەتمىلىرىڭگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈلپىتىدۇرمەن.
64 جاھان، ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بىلەن تولدى؛
ماڭا بەلگىلىمىلىرىڭنى ئۆگەتكەيسەن.
65 |ט| (تەت) سۆز-كالامىڭ بويىچە، ئى پەرۋەردىگار،
ئۆز قۇلۇڭغا مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىپ كەلگەنسەن.
66 ماڭا ئوبدان پەرق ئېتىشنى ۋە بىلىمنى ئۆگەتكەيسەن؛
چۈنكى مەن ئەمرلىرىڭگە ئىشەندىم.
67 مەن ئازابقا ئۇچراشتىن بۇرۇن يولدىن ئازغان،
بىراق ھازىر سۆزۈڭنى تۇتىمەن.
68 سەن مېھرىباندۇرسەن، مېھرىبانلىق قىلىسەن،
ماڭا بەلگىلىمىلىرىڭنى ئۆگەتكەيسەن.
69 تەكەببۇرلار ماڭا قارا چاپلاشتى؛
بىراق كۆرسەتمىلىرىڭگە پۈتۈن قەلبىم بىلەن ئىتائەت قىلىمەن.
70 ئۇلارنىڭ قەلبى تۇيماس بولۇپ كەتتى؛
بىراق مەن بولسام تەۋرات-قانۇنۇڭنى خۇرسەنلىك دەپ بىلىمەن.
71 ئازابقا ئۇچرىغىنىم ياخشى بولدى،
شۇنىڭ بىلەن بەلگىلىمىلىرىڭنى ئۆگەندىم.
72 مەن ئۈچۈن ئاغزىڭدىكى قانۇن-تەلىم،
مىڭلىغان ئالتۇن-كۈمۈش تەڭگىدىن ئەۋزەلدۇر.

---

70:119 **«ئۇلارنىڭ قەلبى تۇيماس بولۇپ كەتتى»** — دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلدا «ئۇلارنىڭ قەلبى مايلىق بولۇپ كەتتى» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.
**72:119** زەب. 10:19

73 |ي| (يود) سېنىڭ قوللىرىڭ مېنى ياسىغان، مېنى مۇستەھكەملىدى؛
مېنى يورۇتقايسەن، ئەمرلىرىڭنى ئۆگىنىمەن.
74 سەندىن ئەيمىنىدىغانلار مېنى كۆرۈپ شادلىنىدۇ؛
چۈنكى مەن سۆز-كالامىڭغا ئۈمىد باغلاپ كەلدىم.
75 ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ ھۆكۈملىرىڭنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى،
ۋاپادارلىقىڭدىن مېنى ئازابقا سالغىنىڭنى بىلىمەن.
76 ئاھ، قۇلۇڭغا بەرگەن ۋەدەڭ بويىچە،
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ تەسەللىيىم بولسۇن.
77 مېنىڭ ياشىشىم ئۈچۈن،
رەھىمدىللىقلىرىڭ يېنىمغا كەلسۇن؛
چۈنكى تەۋرات-قانۇنۇڭ مېنىڭ خۇرسەنلىكىمدۇر.
78 تەكەببۇرلار خىجالەتتە قالسۇن؛
چۈنكى ئۇلار ماڭا يالغانچىلىق بىلەن تەتۈرلۈك قىلغان؛
مەن بولسام، كۆرسەتمىلىرىڭ ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلىنىمەن.
79 سەندىن ئەيمىنىدىغانلار مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەلسۇن؛
ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭنى بىلگەنلەرمۇ شۇنداق بولسۇن.
80 كۆڭلۈم بەلگىلىمىلىرىڭدە مۇكەممەل بولسۇن؛
شۇنىڭ بىلەن يەرگە قاراپ قالمايمەن.
81 |ك| (كاف) جېنىم نىجاتلىقىڭغا تەلمۈرۈپ ھالىدىن كېتەي دەۋاتىدۇ؛
مەن سۆز-كالامىڭغا ئۈمىد باغلىدىم.
82 كۆزۈم سۆز-ۋەدەڭگە تەلمۈرۈپ تۈگىشەي دېدى،
«سەن قاچانمۇ ماڭا تەسەللى بېرەرسەن» ــ دەپ.
83 چۈنكى مەن ئىسلىنىپ قۇرۇپ كەتكەن تۇلۇمدەك بولدۇم،
بىراق بەلگىلىمىلىرىڭنى ئۇنتۇمايمەن.
84 قۇلۇڭنىڭ كۈنلىرى قانچە بولىدۇ؟

**73:119** ئايۇپ 10:9؛ زەب. 139:13-16

75:119 **«سېنىڭ ھۆكۈملىرىڭنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ... بىلىمەن»** ــ ئىبراني تىلدا «سېنىڭ ھۆكۈملىرىڭنىڭ ھەققانىيلىقتۇر ... دەپ بىلىمەن».

ماڭا زىيانكەشلىك قىلغانلارنى قاچان جازالايسەن؟
85 تەكەببۇرلار ماڭا ئورىلارنى كولىغان؛
بۇ ئىشلار تەۋراتىڭغا مۇخالىپتۇر؛
86 سېنىڭ بارلىق ئەمرلىرىڭ ئىشەنچلىكتۇر؛
ئۇلار يولسىزلىق بىلەن مېنى قىستىماقتا؛
ماڭا ياردەم قىلغايسەن!
87 ئۇلار مېنى يەر يۈزىدىن يوقاتقىلى قىل قالدى؛
بىراق مەن بولسام، كۆرسەتمىلىرىڭدىن ۋاز كەچمىدىم.
88 ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بويىچە مېنى جانلاندۇرغايسەن،
ۋە ئاغزىڭدىكى ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭنى تۇتىمەن.
89 |ל| (لامەد) مەڭگۈگە، ئى پەرۋەردىگار،
سۆز-كالامىڭ ئەرشلەردە بېكىتىلگەندۇر.
90 سېنىڭ ساداقىتىڭ دەۋردىن-دەۋرگىچىدۇر؛
سەن يەر-زېمىننى مۇقىم بېكىتكەنسەن، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.
91 سېنىڭ ھۆكۈم-قانۇنىيەتلىرىڭ بىلەن بۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ تۇرىدۇ؛
چۈنكى بارلىق مەۋجۇداتلار سېنىڭ خىزمىتىڭدىدۇر.
92 سېنىڭ تەۋرات-قانۇنۇڭ خۇرسەنلىكىم بولمىغان بولسا،
ئازابىمدا يوقاپ كېتەر ئىدىم.
93 مەن سېنىڭ كۆرسەتمىلىرىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن؛
چۈنكى مۇشۇلار ئارقىلىق ماڭا ھاياتلىق بەردىڭ؛
94 مەن سېنىڭكىدۇرمەن، مېنى قۇتقۇزغايسەن؛
چۈنكى مەن كۆرسەتمىلىرىڭنى ئىزدەپ كەلدىم.
95 رەزىللەر مېنى ھالاك قىلىشنى كۈتمەكتە؛

---

90:119 تۇپ. 4:1

91:119 «سېنىڭ ھۆكۈم-قانۇنىيەتلىرىڭ بىلەن بۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ تۇرىدۇ» — «بۇلار» بولسا 89-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان خۇدانىڭ سۆز-كالامى ۋە 90-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان يەر-زېمىن بولسا كېرەك.

بىراق مەن ئاگاھ-گۇۋاھلىرىڭنى كۆڭلۈمدە تۇتۇپ ئويلايمەن.
96 مەن ھەممە مۇكەممەللىكنىڭ چېكى بار دەپ بىلىپ يەتتىم؛
بىراق سېنىڭ ئەمر-كالامىڭ چەكسىز كەڭدۇر!
97 |מ| (مەم) ئاھ، مېنىڭ تەۋرات-قانۇنۇڭغا بولغان مۇھەببىتىم نەقەدەر چوڭقۇردۇر!
كۈن بويى ئۇ مېنىڭ سېغىنىپ ئويلايدىغىنىمدۇر.
98 ئەمرلىرىڭ ھەردائىم مەن بىلەن بىللە تۇرغاچقا،
مېنى دۈشمەنلىرىمدىن دانا قىلىدۇ؛
99 بارلىق ئۇستازلىرىمدىن كۆپ يورۇتۇلغانمەن،
چۈنكى ئاگاھ-گۇۋاھلىرىڭ سېغىنىشىمدۇر.
100 مەن قېرىلاردىن كۆپرەك چۈشىنىمەن،
چۈنكى كۆرسەتمىلىرىڭگە ئىتائەت قىلىپ كەلدىم.
101 سۆز-كالامىڭغا ئەمەل قىلىشىم ئۈچۈن،
ئاياغلىرىمنى ھەممە يامان يولدىن تارتتىم.
102 ھۆكۈملىرىڭدىن ھېچ چىقمىدىم؛
چۈنكى ماڭا ئۆگەتكەن سەن ئۆزۈڭدۇرسەن.
103 سۆزلىرىڭ تىلىمغا شۇنچە شېرىن تېتىيدۇ!
ئاغزىمدا ھەسەلدىن تاتلىقتۇر!
104 كۆرسەتمىلىرىڭدىن مەن يورۇتۇلدۇم؛
شۇڭا بارلىق ساختا يولنى ئۆچ كۆرىمەن.
105 |נ| (نۇن) سۆز-كالامىڭ ئايىغىم ئالدىدىكى چىراغ،
يولۇمغا نۇردۇر.
106 قەسەم ئىچتىم، ئەمەل قىلىمەنكى،
مەن ھەققانىي ھۆكۈملىرىڭنى تۇتىمەن.

---

101:119 **«ئاياغلىرىمنى ھەممە يامان يولدىن تارتتىم»** ــ «تارتتىم» ــ ئىبرانىي تىلدا «باغلىدىم» ياكى «چۈشەكلىدىم».

**103:119** زەب. 10:19؛ پەند. 11:8

**106:119** نەھ. 30:10

107 زور ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى چەكتىم، ئى پەرۋەردىگار؛
سۆز-كالامىڭ بويىچە مېنى جانلاندۇرغايسەن.
108 قوبۇل قىلغايسەن، ئى پەرۋەردىگار، ئاغزىمدىكى خالىس قۇربانلىقلارنى،
ماڭا ھۆكۈملىرىڭنى ئۆگەتكەيسەن.
109 جېنىمنى ئالقىنىمدا دائىم ئېلىپ يۈرىمەن،
بىراق تەۋرات-قانۇنۇڭنى پەقەت ئۇنتۇمايمەن.
110 رەزىللەر مەن ئۈچۈن قىلتاق قۇردى؛
بىراق كۆرسەتمىلىرىڭدىن ئاداشمىدىم.
111 ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭنى مىراس قىلىپ مەڭگۈگە قوبۇل قىلدىم؛
چۈنكى ئۇلار كۆڭلۈمنىڭ شادلىقىدۇر.
112 مەن كۆڭلۈمنى بەلگىلىمىلىرىڭگە مەڭگۈگە ئەمەل قىلىشقا،
يەنى ئاخىرغىچە ئەمەل قىلىشقا مايىل قىلدىم.
113 |ס| (سامەق) ئالا كۆڭۈللەرنى ئۆچ كۆرۈپ كەلدىم؛
سۆيگىنىم بولسا، تەۋرات-قانۇنۇڭدۇر.
114 سەن مېنىڭ دالدا جايىم، مېنىڭ قالقانىمدۇرسەن؛
سۆز-كالامىڭغا ئۈمىد باغلىدىم.
115 مەن خۇدايىمنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشىم ئۈچۈن،
مەندىن نېرى بولۇڭلار، ئى رەزىللىك قىلغۇچىلار!
116 ياشىشىم ئۈچۈن،
ۋەدەڭ بويىچە مېنى يۆلىگەيسەن؛
ئۈمىدىمنىڭ ئالدىدا مېنى يەرگە قاراتمىغايسەن.
117 مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەيسەن، شۇندا مەن ئامان-ئېسەن يۈرىمەن؛
ۋە بەلگىلىمىلىرىڭنى ھەردائىم قەدىرلەيمەن.
118 بەلگىلىمىلىرىڭدىن ئازغانلارنىڭ ھەممىسىنى نەزىرىڭدىن

---

108:119 **«ئاغزىمدىكى خالىس قۇربانلىقلار»** — «خالىس قۇربانلىق» مۇسا پەيغەمبەر ئالاھىدە بەلگىلىگەن بىرخىل قۇربانلىق ئىدى. بىراق بۇ يەردە بۇ ئىبارە پەقەت كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن
113:119 **«ئالا كۆڭۈللەر»** — ياكى «ئەستايىدىل ئەمەسلەر».

ساقىت قىلدىڭ؛
چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقى قۇرۇقتۇر.
119 سەن يەر يۈزىدىكى بارلىق رەزىللەرنى داشقالدەك شاللاپ تازىلايسەن؛
شۇڭا مەن ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭنى سۆيىمەن.
120 ئەتلىرىم سېنىڭدىن بولغان ئەيمىنىشتىن تىترەيدۇ؛
ھۆكۈملىرىڭدىن قورقۇپ يۈرىمەن.
121 |ע| (ئايىن) مەن دۇرۇس ھۆكۈملەرنى ۋە ئادالەتنى يۈرگۈزدۈم؛
مېنى ئەزگۈچىلەرگە تاشلاپ قويمىغايسەن؛
122 ئۆز قۇلۇڭ ئۈچۈن ياخشىلىققا كاپالەت بولغايسەن؛
تەكەببۇرلارغا مېنى ئەزگۈزمىگەيسەن.
123 كۆزۈم نىجاتلىقىڭغا تەشنا بولۇپ،
ھەم ھەققانىيىتىڭ توغرۇلۇق ۋەدەڭگە تەلمۈرۈپ تۈگىشەي دەپ قالدى؛
124 ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بىلەن قۇلۇڭغا مۇئامىلە قىلغايسەن؛
بەلگىلىمىلىرىڭنى ماڭا ئۆگەتكەيسەن.
125 مەن سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن؛
ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭنى بىلىپ يېتىشىم ئۈچۈن مېنى يورۇتقايسەن.
126 پەرۋەردىگار ھەرىكەتكە كېلىش ۋاقتى كەلدى!
چۈنكى ئۇلار تەۋرات-قانۇنۇڭنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.
127 شۇ سەۋەبتىن ئەمرلىرىڭنى ئالتۇندىن ئارتۇق سۆيىمەن،
ساپ ئالتۇندىن ئارتۇق سۆيىمەن؛
128 شۇڭا ھەممە ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بارلىق كۆرسەتمىلىرىڭنى
توغرا دەپ بىلىمەن؛
بارلىق ساختا يولنى ئۆچ كۆرىمەن.
129 |פ| (پې) ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭ كارامەتتۇر؛
شۇڭا جېنىم ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.
130 سۆزلىرىڭنىڭ يېشىمى نۇر ئېلىپ كېلىدۇ؛

نادانلارنىمۇ يورۇتىدۇ.
131 ئاغزىمنى ئېچىپ ھاسىراپ كەتتىم،
چۈنكى ئەمرلىرىڭگە تەشنا بولۇپ كەلدىم.
132 نامىڭنى سۆيگەنلەرگە بولغان ئادىتىڭ بويىچە،
جامالىڭنى مەن تەرەپكە قارىتىپ شەپقەت كۆرسەتكەيسەن.
133 قەدەملىرىمنى سۆزۈڭ بىلەن توغرىلىغايسەن؛
ئۈستۈمگە ھېچ قەبىھلىكنى ھۆكۈم سۈرگۈزمىگەيسەن.
134 مېنى ئىنسانىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن،
شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كۆرسەتمىلىرىڭگە ئىتائەت قىلىمەن.
135 جامالىڭنىڭ نۇرىنى قۇلۇڭنىڭ ئۈستىگە چاچتۇرغايسەن؛
ماڭا بەلگىلىمىلىرىڭنى ئۆگەتكەيسەن.
136 كۆزلىرىمدىن ياش ئېرىقلىرى ئاقىدۇ،
چۈنكى ئىنسانلار تەۋرات-قانۇنۇڭغا بويسۇنمايدۇ.
137 |צ| (تسادە) ھەققانىيدۇرسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
ھۆكۈملىرىڭ توغرىدۇر.
138 سەن ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭنى ھەققانىيلىقتا بۇيرۇغان؛
ئۇلار تولىمۇ ئىشەنچلىكتۇر!
139 ئوتلۇق مۇھەببىتىم ئۆزۈمنى يوقىتىدۇ،
چۈنكى مېنى خار قىلغۇچىلار سۆزلىرىڭگە پىسەنت قىلمايدۇ.
140 سۆزۈڭ تولۇق سىناپ ئىسپاتلانغاندۇر؛
شۇڭا قۇلۇڭ ئۇنى سۆيىدۇ.
141 مەن تېرىقتەكتۇرمەن، كەمسىتىلگەنمەن،
بىراق كۆرسەتمىلىرىڭنى ئۇنتۇمايمەن.
142 سېنىڭ ھەققانىيىتىڭ ئەبەدىي بىر ھەققانىيەتتۇر،
تەۋرات-قانۇنۇڭ ھەقىقەتتۇر.

---

**130:119** زەب. 7:19
**135:119** زەب. 6:4
**140:119** 2سام. 31:22؛ زەب. 6:12؛ 30:18؛ پەند. 5:30

143 پىشكەللىك ۋە ئازاب ماڭا چىرمىشىۋالدى؛
بىراق ئەمرلىرىڭ مېنىڭ خۇرسەنلىكلىرىمدۇر.
144 سېنىڭ ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭنىڭ ھەققانىيلىقى ئەبەدىيدۇر؛
ياشىغىن دەپ، مېنى يورۇتقايسەن.
145 |ק| (كوف) مەن پۈتۈن قەلبىم بىلەن ساڭا نىدا قىلدىم،
ئى پەرۋەردىگار؛
ماڭا جاۋاب بەرگەيسەن؛
مەن بەلگىلىمىلىرىڭنى تۇتىمەن.
146 مەن ساڭا نىدا قىلىمەن؛
مېنى قۇتقۇزغايسەن؛ ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭغا ئەگىشىمەن.
147 مەن تاڭ ئاتماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەرياد كۆتۈرىمەن؛
سۆز-كالامىڭغا ئۈمىد باغلىدىم.
148 ۋەدىلىرىڭ ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلىنىش ئۈچۈن،
تۈندىكى جېسەكلەر ئالماشماي تۇرۇپ كۆزۈم ئېچىلىدۇ.
149 ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بويىچە ئاۋازىمنى ئاڭلىغايسەن؛
ئى پەرۋەردىگار، ھۆكۈملىرىڭ بويىچە مېنى جانلاندۇرغايسەن.
150 قەبىھ نىيەتكە ئەگەشكەنلەر ماڭا يېقىنلاشتى،
ئۇلار تەۋرات-قانۇنۇڭدىن يىراقتۇر.
151 ئى پەرۋەردىگار، سەن ماڭا يېقىن تۇرىسەن؛
بارلىق ئەمرلىرىڭ ھەقىقەتتۇر.
152 ئۆزۈڭدىن بېرى ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭدىن ئۆگەندىمكى،
ئۇلارنى مەڭگۈگە ئىناۋەتلىك قىلغانسەن.
153 |ר| (رەش) مېنىڭ خار بولغىنىمنى كۆرگەيسەن، مېنى قۇتۇلدۇرغايسەن؛
چۈنكى تەۋرات-قانۇنۇڭنى ئۇنتۇمىدىم.
154 مېنىڭ دەۋايىمنى سورىغايسەن، ھەمجەمەت بولۇپ مېنى قۇتقۇزغايسەن؛

**147:119** زەب. 3:5؛ 13:88؛ 6:130
**148:119** زەب. 8:57؛ 1:63، 6

ۋەدەڭ بويىچە مېنى جانلاندۇرغايسەن.

155 نىجاتلىق رەزىللەردىن يىراقتۇر؛
چۈنكى ئۇلار بەلگىلىمىلىرىڭنى ئىزدىمەيدۇ.

156 رەھىمدىللىقلىرىڭ كۆپتۇر، ئى پەرۋەردىگار؛
ھۆكۈملىرىڭ بويىچە مېنى جانلاندۇرغايسەن.

157 ماڭا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار ھەم مېنى خار قىلغۇچىلار كۆپتۇر؛
بىراق ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭدىن ھېچ چەتنىمىدىم.

158 مەن ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا قاراپ يىرگەندىم،
چۈنكى ئۇلار سۆزۈڭنى تۇتمايدۇ.

159 سېنىڭ كۆرسەتمىلىرىڭنى شۇنچە سۆيگەنلىكىمنى كۆرگەيسەن؛
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بويىچە مېنى جانلاندۇرغايسەن، ئى پەرۋەردىگار.

160 سۆز-كالامىڭنى مۇجەسسەملىگەندە ئاندىن ھەقىقەت بولۇر؛
سېنىڭ ھەربىر ئادىل ھۆكۈمۈڭ ئەبەدىيدۇر.

161 ש (شىين) ئەمىرلەر بىكاردىن-بىكار ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ؛
بىراق يۈرىكىم كالامىڭ ئالدىدىلا تىترەيدۇ.

162 بىرسى زور ئولجا تاپقاندەك،
ۋەدەڭدىن خۇشاللىنىمەن.

163 ساختىلىقتىن نەپرەتلىنىپ يىرگىنىمەن؛
سۆيگىنىم تەۋرات-قانۇنۇڭدۇر.

164 ھەققانىي ھۆكۈملىرىڭ تۈپەيلىدىن،
كۈندە يەتتە قېتىم سېنى مەدھىيىلەيمەن.

---

158:119 **«مەن ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا قاراپ يىرگەندىم»** ــ ياكى «مەن ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا قاراپ ئازابلاندىم».

160:119 **«سۆز-كالامىڭنى مۇجەسسەملىگەندە ئاندىن ھەقىقەت بولۇر»** ــ بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر جۈملە. تولۇق، ئەتراپلىق ھەقىقەتنى پەقەت مۇقەددەس كىتابتىكى بىر ئايەتتىنلا بىلگىلى بولمايدۇ، بەلكى كۆپ ئايەتلەرنىڭ يىغىندىسى ئارقىلىقلا («مۇجەسسەملىگەندە») ئاندىن «تولۇق ھەقىقەت» ياكى «ھەر تەرەپلىك ھەقىقەت» چىقىدۇ.

165 تەۋراتىڭنى سۆيگەنلەرنىڭ زور خاتىرجەملىكى بار؛
ھېچ نەرسە ئۇلارنى پۇتلىيالماس.
166 مەن نىجاتلىقىڭغا ئۈمىد باغلاپ كۈتتۈم، ئى پەرۋەردىگار،
ئەمرلىرىڭگە ئەمەل قىلىپ.
167 جېنىم ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭغا ئەگىشىدۇ،
ئۇلارنى ئىنتايىن سۆيىمەن.
168 بارلىق يوللىرىم ئالدىڭدا بولغاچ،
كۆرسەتمىلىرىڭ ھەم ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىڭغا ئەگىشىمەن.
169 |ת| (تاۋ) مېنىڭ پەريادىم ئالدىڭغا يېقىن كەلسۇن، ئى پەرۋەردىگار؛
كالامىڭ بويىچە مېنى يورۇتقايسەن.
170 يېلىنىشىم ئالدىڭغا كەلسۇن؛
ۋەدەڭ بويىچە مېنى قۇتۇلدۇرغايسەن.
171 ماڭا بەلگىلىمىلىرىڭنى ئۆگەتكىنىڭ ئۈچۈن،
لەۋلىرىمدىن مەدھىيىلەر ئۇرغۇپ چىقىدۇ.
172 تىلىم سۆزۈڭنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتىدۇ،
چۈنكى ئەمرلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھەققانىيدۇر.
173 قولۇڭ ماڭا ياردەمگە تەييار بولسۇن؛
چۈنكى مەن كۆرسەتمىلىرىڭنى تاللىۋالدىم.
174 مەن نىجاتلىقىڭغا تەلمۈرۈپ تەشنا بولۇپ كەلدىم، ئى پەرۋەردىگار؛
سېنىڭ تەۋراتىڭ مېنىڭ خۇرسەنلىكىمدۇر.
175 جېنىم ياشىسۇن، ئۇ سېنى مەدھىيىلەيدۇ،
سېنىڭ ھۆكۈملىرىڭ ماڭا ياردەم قىلسۇن.
176 مەن يولدىن ئاداشقان قويدەك تەمتىرەپ قالدىم؛
قۇلۇڭنى ئىزدىگەيسەن؛
چۈنكى ئەمرلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق.

**119:176** يەش. 53:6؛ لۇقا 15:4-7

## 120-كۈي
## ئۇرۇشقاق خەلق ئارىسىدا

120
1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»
بېشىمغا كۈن چۈشكەندە مەن پەرۋەردىگارغا نىدا قىلدىم؛
ئۇ ماڭا جاۋاب بەردى.
2 ئى پەرۋەردىگار، جېنىمنى يالغان سۆزلەيدىغان لەۋلەردىن،
ئالدامچى تىلدىن قۇتۇلدۇرغايسەن.
3 ساڭا نېمە بېرىلىدۇ،
ساڭا نېمە قوشۇلۇشى كېرەك،
ئەي ئالدامچى تىل؟
4 ــ پالۋان ئاتقان ئۆتكۈر ئوقلار،
ئارچا چوغلىرى ساڭا تەگسۇن!
5 مەشەك دىيارىدا مۇساپىر بولۇپ ياشىغىنىمغا،
كېدار چېدىرلىرى ئارىسىدا تۇرغىنىمغا ھالىمغا ۋاي!
6 مەن تىنچلىقتا ئۆچلەر ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان تۇرۇۋاتىمەن؛

---

1:120 **«يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»** ــ بۇنداق ماۋزۇلۇق كۈيدىن جەمئىي 15ى بار. بۇنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئالىملارنىڭ ئۈچ خىل پىكرى بار: (1) يېرۇسالېمدىكى ئىككىنچى ئىبادەتخانا ئىچىدە ھويلىغا چىقىدىغان 15 پەلەمپەي بار ئىدى؛ ھېيت ۋاقىتلىرىدا ھەربىر پەلەمپەيدە توختاپ بىر كۈي ئېيتىلغان. (2) يېرۇسالېمغا تاۋاپ قىلىش ھېيتىغا بارماقچى (ئىبرانىي تىلدا بۇ «چىقماقچى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) بولغان يولۇچىلار بۇ ناخشىلارنى ئېيتقان؛ (3) بۇ 15 كۈي ئىسرائىللار بابىل ئىمپېرىيەسىدىكى سۈرگۈنلۈكتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەنلىكى (ئىبرانىي تىلدا «چىققانلىقى»)نى تەبرىكلەيدىغان ناخشىلار ئىدى. بىزنىڭچە ئۈچ پىكىرنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇشى مۇمكىن.

2:120 1سام. 10:24؛ 19:26

4:120 زەب. 2:11؛ 7:59

5:120 **«مەشەك دىيارىدا .... كېدار چېدىرلىرى ئارىسىدا...»** ــ «مەشەك» ــ ئىسرائىل زېمىنىدىن ئەڭ چەت جاي دەپ ھېسابلانغان (بەلكىم ھازىرقى موسكۋا ياكى تۈركىيە)؛ كېداردىكىلەر بولسا ئىسرائىلنىڭ ئەرەب قوشنىلىرى ھەم رەقىبلىرى ئىدى. بۇ يەردە ئۇلار بەلكىم خۇدانى ئېتىراپ قىلمايدىغان ھەرخىل ئەللەرنى بىلدۈرىدۇ.

7 مەن تىنچلىقپەرۋەرمەن؛
بىراق گەپ قىلسام، ئۇلار ئۇرۇشىمىزلا، دەيدۇ.

## 121-كۈي
## رەب ھمايە قىلغۇچىمدۇر

121 1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»
كۆزلىرىمنى تاغلار تەرەپكە كۆتۈرۈپ قارايمەن؛
مېنىڭ ياردىمىم قەيەردىن كېلۇر؟
2 مېنىڭ ياردىمىم پەرۋەردىگاردىندۇر؛
ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچىدىندۇر.
3 ئۇ پۇتۇڭنى ھېچ تېيىلدۇرمايدۇ؛
سېنى ساقلىغۇچى ھېچ مۈگدىمەيدۇ!
4 مانا، قارا، ئىسرائىلنى ساقلىغۇچى ھەم مۈگدىمەيدۇ، ھەم ئۇخلىمايدۇ!
5 پەرۋەردىگار سېنىڭ ساقلىغۇچىڭدۇر؛
پەرۋەردىگار ئوڭ يېنىڭدىكى سايىۋەندۇر.
6 قۇياش كۈندۈزدە، ئاي كېچىدە ساڭا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ؛
7 پەرۋەردىگار بارلىق يامانلىقتىن سېنى ساقلايدۇ؛
ئۇ جېنىڭنى ساقلايدۇ؛
8 پەرۋەردىگار چىقىشىڭنى، كىرىشىڭنى،
بۈگۈندىن كېيىن ئەبەدئەبەدگىچە ساقلايدۇ.

# 122-كۈي
## يېرۇسالېمنىڭ بەختىدىن خۇشال بولۇش

122 [1] «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»
ئۇلار ماڭا: «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چىقايلى» ــ دېگىنىدە،
شادلاندىم.
[2] پۇتلىرىمىز دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدە تۇرۇشقا نېسىپ بولدى، ئى
يېرۇسالېم!
[3] ئى يېرۇسالېم، سەن جىپسىلاشتۇرۇلۇپ رەتلىك سېلىنغان بىر
شەھەردۇرسەن؛
[4] قەبىلىلەر ئۇ يەرگە چىقىدۇ،
ياھنىڭ قەبىلىلىرى چىقىدۇ؛
ئىسرائىلغا بېرىلگەن كۆرسەتمە بويىچە،
پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا تەشەككۇر ئېيتىش ئۈچۈن چىقىدۇ.
[5] چۈنكى ئۇ يەردە ھۆكۈم چىقىرىشقا تەختلەر سېلىنىدى،
داۋۇتنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە تەختلەر سېلىنىدى.
[6] يېرۇسالېمنىڭ ئامان-خاتىرجەملىكىنى ئىزدەپ دۇئا قىلىڭلار؛
سېنى سۆيگەنلەر روناق تاپىدۇ.
[7] ئىستىھكاملىرىڭ ئىچىدە ئامان-خاتىرجەملىك بولسۇن،
ئوردىلىرىڭ ئىچىدە ئاۋات-ئاراملىق بولسۇن!
[8] قېرىنداشلىرىم ھەم يار-بۇرادەرلىرىم ئۈچۈن،
مەن: «ئامان-خاتىرجەملىك ئىچىڭدە بولسۇن» ــ دەيمەن.

---

122:4 «قەبىلىلەر.. . ئىسرائىلغا بېرىلگەن كۆرسەتمە بويىچە... چىقىدۇ» ــ بۇ يوليورۇق-كۆرسەتمە مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگەنىدى. ھېيت كۈنلىرىدە (يىلدا ئۈچ قېتىم) ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ ئەركەكلىرى (قىز-ئاياللار ئىختىيارەن) يېرۇسالېمغا چىقىپ ئىبادەت قىلىشى كېرەك ئىدى.
122:6 «يېرۇسالېمنىڭ ئامان-خاتىرجەملىكىنى ئىزدەپ دۇئا قىلىڭلار» ــ ئىبرانىي تىلدا: «يېرۇشالوم»نىڭ «شالوم»ى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار». «شالوم» «تىنچ-ئامانلىق»، «يېرۇشالوم» بولسا «تىنچ-ئامانلىق شەھەر» دېگەن مەنىدە (ئىبرانىي تىلدا «شالوم»، ئەرەب تىلدا «سالام»).

9 پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ ئۆيى ئۈچۈن،
سىنىڭ روناق تېپىشىڭغا ئىنتىلىمەن!

## 123-كۈي
## زور خارلىق ئاستىدا

123 1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»
ئى ئەرشلەردە تۇرغۇچىسەن،
ساڭا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارايمەن؛
2 مانا، قۇللىرىڭنىڭ كۆزى ئۆز خوجايىنىنىڭ قولىرىغا قانداق قارىغان بولسا،
دېدەكلەرنىڭ كۆزى ئۆز ساھىبەسىنىڭ قولىرىغا قانداق قارىغان بولسا،
بىزنىڭ كۆزىمىز پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا شۇنداق قارايدۇ،
تا بىزگە شەپقەت كۆرسەتكۈچە قارايدۇ.
3 بىزگە شەپقەت كۆرگۈزگەيسەن، ئى پەرۋەردىگار،
بىزگە شەپقەت كۆرگۈزگەيسەن؛
چۈنكى بىز يەتكۈچە خورلۇق تارتقانمىز.
4 جېنىمىز غوجاملارنىڭ مازاقلىرىنى،
ھاكاۋۇرلارنىڭ خورلۇقلىرىنى يەتكۈچە تارتقاندۇر.

---

1:123 **«ساڭا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارايمەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «ساڭا كۆزلىرىمنى كۆتۈرۈپ قارايمەن».
**1:123** زەب. 3:115

## 124-كۈي
## قۇتۇلۇش ئۈچۈن رەھمەتلەر

124
1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»

ئەگەر بىز تەرەپتە تۇرغىنى پەرۋەردىگار بولمىغان بولسا،
ئاھ، ئىسرائىل شۇنداق دېسۇن —
2 بىز تەرەپتە تۇرغىنى پەرۋەردىگار بولمىغان بولسا،
كىشىلەر بىزگە ھۇجۇمغا قوزغالغاندا،
3 ئۇلارنىڭ غەزىپى بىزگە تۇتاشقاندا،
شۇ چاغدا ئۇلار بىزنى تىرىك يۇتۇۋېتەتتى؛
4 شۇ چاغدا سۇلار بىزنى غەرق قىلىۋېتەتتى؛
كەلكۈن بېشىمىزدىن ئۆتەتتى؛
5 داۋالغۇغان سۇلار بېشىمىزدىن ئۆتەتتى!
6 پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە بولغاي!
ئۇلارنىڭ چىشلىرىغا ئوۋ بولۇشقا بىزنى قويۇپ بەرمىدى.
7 جېنىمىز تۇتقۇچىلارنىڭ باسمىقىدىن قېچىپ چىققان قۇشتەك قاچتى؛
باسماق سۇندۇرۇلۇپ، بىز قاچتۇق!
8 ئېرىشكەن ياردىمىمىز پەرۋەردىگارنىڭ نامىدىدۇر،
ئاسمان-زېمىن ياراتقۇچىنىڭ نامىدىدۇر!

## 125-كۈي
## خۇدانىڭ زور ھىمايىسى

125
1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»

پەرۋەردىگارغا تايانغانلار زىئون تېغىدەكتۇر؛

7:124 پەند. 5:6
8:124 زەب. 2:121

ئۇنى تەۋرەتكىلى بولمايدۇ،
ئۇ مەڭگۈلۈك تۇرىدۇ.
2 يېرۇسالېم! تاغلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغان،
ھەم پەرۋەردىگار ھازىردىن تا ئەبەدگىچە ئۆز خەلقىنىڭ ئەتراپىنى ئورايدۇ.
3 چۈنكى رەزىللەرنىڭ ھوقۇق ھاسىسى ھەققانىيلارنىڭ نېسىۋىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قالماس؛
بولمىسا ھەققانىيلارمۇ قوللىرىنى قەبىھلىككە ئۇزارتىشى مۇمكىن.
4 پەرۋەردىگار، مېھرىبانلارغا مېھرىبانلىق قىلغايسەن؛
كۆڭلى دۇرۇسلارغىمۇ شۇنداق بولسۇن.
5 بىراق ئەگرى يوللارغا بۇرۇلۇپ كەتكەنلەرنى بولسا،
پەرۋەردىگار ئۇلارنى قەبىھلىك قىلغۇچىلار بىلەن تەڭ شاللىۋېتىدۇ.
ئىسرائىلغا ئامان-خاتىرجەملىك بولغاي!

## 126-كۈي
## سۈرگۈن بولۇشتىن ئازاد بولۇش

126 1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»
پەرۋەردىگار زىئوندىن سۈرگۈن بولغانلارنى قايتۇرۇپ كەلگەندە،
بىز چۈش كۆرگەندەكلا بولدۇق؛
2 ئاغزىمىز كۈلكىگە،
تىلىمىز شادلىنىشقا تولدى؛
شۇ تاپتا ئەللەر ئارىسىدا ئۇلار: ـ
«پەرۋەردىگار ئۇلارغا زور ئىشلارنى قىلىپ بەردى» ـ دېيىشتى.

1:126 «پەرۋەردىگار زىئوندىن سۈرگۈن بولغانلارنى قايتۇرۇپ كەلگەندە...» ـ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگار زىئوننىڭ ئەھۋالىنى ئەسلىگە قايتۇرغاندا...».
2:126 ئايۇپ 21:8

[3] پەرۋەردىگار دەرۋەقە بىز ئۈچۈن زور ئىشلارنى قىلدى،
بىز بۇلاردىن شادلىنىمىز.
[4] جەنۇبتىكى قۇرۇق ئېرىقلار شار-شار سۇلارغا ئايلاندۇرۇلغاندەك،
بىز تۇتقۇنلارنىمۇ ئۆز ئەركىمىزگە قايتۇرغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
[5] كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ تېرىغانلار شادلىق بىلەن ئورار؛
[6] يىغلاپ يۈرۈپ چاچىدىغان ئۇرۇقنى كۆتۈرگەن كىشى،
بەرھەق، شادلىق-تەنتەنە بىلەن ئورىغان باغلىرىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ
كېلىدۇ.

## 127-كۈي

## خۇدا بەرگەن نىسۋەنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ

127 [1] «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»؛ سۇلايمان يازغان كۈي: —

پەرۋەردىگار ئۆزى ئۆي سالمىسا،
سالغۇچىلار بىكاردىن-بىكار ئۇنىڭغا ئەجىر سىڭدۈرىدۇ؛
پەرۋەردىگار شەھەرنى ساقلىمىسا،
كۆزەتچىلەر بىكاردىن-بىكار ئويغاق تۇرىدۇ.
[2] سىلەرنىڭ سەھەردە ئورنۇڭلاردىن قوپۇشۇڭلار،
كەچ بولغاندا يېتىشىڭلار،
جاپا-مۇشەققەتنى ناندەك يېگىنىڭلار بىكاردىن-بىكاردۇر؛

4:126 **«جەنۇبتىكى قۇرۇق ئېرىقلار شار-شار سۇلارغا ئايلاندۇرۇلغاندەك...»** — قاتتىق يامغۇر ياغقاندىن كېيىن، پەلەستىننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سۇيى يوق ئېرىق-دەريالار يېرىم سائەت ئىچىدىلا كۆچلۈك ھەم خەتەرلىك داۋالغۇغان دەريالارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. **«بىز تۇتقۇنلارنىمۇ ئۆز ئەركىمىزگە قايتۇرغايسەن، ئى پەرۋەردىگار»** — بۇ ئىككىنچى «تۇتقۇنلۇق» نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ بابىل ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن بولغان يەھۇدىيلار ئازاد بولۇپ پەلەستىنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە بەك ئېغىر مۇشەققەتلەر ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى («نەھەمىيا» ھەم «ئەزرا» قىسىملىرىنى كۆرۈڭ). «تۇتقۇنلۇق» بەلكىم كۆچمە مەنىدە بولۇپ، ئۇ ئېغىر ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

چۈنكى ئۇ ئۆز سۆيگىنىگە ئۇيقۇنى بېرىدۇ.
3 مانا، باللار پەرۋەردىگاردىن بولغان مىراستۇر،
بالىياتقۇنىڭ مېۋىسى ئۇنىڭ مۇكاپاتىدۇر؛
4 ياشلىقتا تاپقان باللار،
باتۇرنىڭ قولىدىكى ئوقلاردەك بولىدۇ.
5 ئوقدېنى مۇشۇلار بىلەن تولغان ئادەم بەختلىكتۇر؛
شەھەر دەرۋازىسىدا تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىدا،
ئۇلار يەرگە قاراپ قالمايدۇ.

## 128-كۈي
## خۇدادىن ئەيمىنىدىغان كىشىنىڭ بەختلىكى

128 1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»
پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغانلار،
ئۇنىڭ يوللىرىدا ماڭىدىغانلارنىڭ ھەربىرى بەختلىكتۇر!
2 چۈنكى سەن ئۆز قولۇڭنىڭ ئەجرىنى يەيسەن؛
بەختلىك بولىسەن، روناق تاپىسەن؛
3 ئاياللىڭ بولسا ئۆيۈڭ ئىچىدە مېۋىلىك ئۈزۈم تېلىدەك بولىدۇ؛
بالىلىرىڭ داستىخانىڭنى چۆرىدەپ، زەيتۇن دەرەخلىرىدەك تىزىلىپ ئولتۇرىدۇ؛
4 مانا، پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغان كىشى شۇنداق بەختنى كۆرىدۇ.

---

2:127 **«جاپا-مۇشەققەتنى نانەدەك يېگىنىڭلار بىكاردىن-بىكاردۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «جاپا-مۇشەققەت بىلەن تاپقان ناننى يېگىنىڭلار بىكاردىن-بىكاردۇر». **«چۈنكى ئۇ ئۆز سۆيگىنىگە ئۇيقۇنى بېرىدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى ئۇ ئۆز سۆيگىنىگە ئۇخلىغان ۋاقتىدا بېرىدۇ».
5:127 **«شەھەر دەرۋازىسىدا تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىدا»** — «شەھەر دەرۋازىسى» خالايىق يىغىن ئاچىدىغان، جەم بولىدىغان جاي ئىدى.

5 پەرۋەردىگار ساڭا زىئون تېغىدىن بەخت ئاتا قىلغاي؛
سەن ئۆمرۈڭ بويىچە يېرۇسالېمنىڭ ئاۋاتلىقىنى كۆرگەيسەن؛
6 پەرزەنتلىرىڭنىڭ پەرزەنتلىرىنى كۆرگەيسەن؛
ئىسرائىلغا ئارام-تىنچلىق بولغاي!

## 129-كۈي
## ئۇزۇن داۋام قىلغان جاپا-مۇشەققەتنى ئەسلەش

129 1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»
«ياشلىقىمدىن تارتىپ ئۇلار كۆپ قېتىم مېنى خار قىلىپ كەلدى» —
ئاھ، ئىسرائىل هازىر بۇنى دېسۇن —
2 «ئۇلار ياشلىقىمدىن تارتىپ كۆپ قېتىم مېنى خار قىلىپ كەلدى،
بىراق ئۈستۈمدىن غەلىبە قىلغان ئەمەس.
3 قوش هەيدىگۈچىلەر دۈمبەمدە هەيدىگەن،
چۆنەكلىرىنى ئىنتايىن ئۇزۇن تارتقان».
4 پەرۋەردىگار هەققانىيدۇر؛
ئۇ رەزىللەرنىڭ ئاسارەتلىرىنى سۇندۇرۇۋەتتى؛
5 ئۇلار شەرمەندە بولۇپ ئارقىسىغا ياندۇرۇلسۇن،
زىئوندىن نەپرەتلىنىدىغانلارنىڭ هەممىسى!
6 ئۇلار ئۆگزىدە ئۈنۈپ چىققان چۆپتەك بولسۇن؛
ئۇزۇلمەي تۇرۇپلا سولىشىپ كېتىدىغان؛
7 ئوت-چۆپ ئورىغۇچىغا ئۇنىڭدىن بىر تۇتاممۇ چىقمايدۇ؛
باغ باغلىغۇچىغا بىر قۇچاقمۇ چىقمايدۇ؛
8 ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ بەرىكىتى ئۈستۈڭلاردا بولغاي؛

---

6:129 ئايۇپ 8:12؛ 10:40

پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن سىلەرگە بەخت تىلەيمىز!» ــ دېگەن
سالامنى ھېچ بەرمەيدۇ.

## 130-كۈي
## ئازابلىق پەرياد

130 [1] «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»
چوڭقۇر يەرلەردىن ساڭا پەرياد كۆتۈرىمەن، ئى پەرۋەردىگار؛
[2] ئى رەب، ئاۋازىمنى ئاڭلىغايسەن؛
قۇلاقلىرىڭنى يېلىنىش سادايىمغا سالغايسەن؛
[3] ئەگەر سەن ياھ، قەبىھلىكلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ سانىساڭ،
ئەمدى رەب، كىم تىك تۇرالايدۇ؟
[4] بىراق سەندە مەغپىرەت-كەچۈرۈم باردۇر؛
شۇڭا سەندىن ئەيمىنىشكە بولىدۇ.
[5] پەرۋەردىگارنى كۈتۈۋاتىمەن؛
جېنىم كۈتۈۋاتىدۇ؛
ئۇنىڭ سۆزىگە ئۈمىد باغلىدىم.
[6] تۇن جېسەكچىلىرىنىڭ سەھەرگە بولغان تەشناسىدىن ئارتۇق،
بەرھەق، تۇن جېسەكچىلىرىنىڭ سەھەرگە بولغان تەشناسىدىن
ئارتۇق،

---

8:129 «ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ بەرىكىتى ئۈستۈڭلاردا بولغاي؛ پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن سىلەرگە بەخت تىلەيمىز!» ــ دېگەن سالامنى ھېچ بەرمەيدۇ.» ــ دېمەك، مۇشۇ كۈيدىكى 4- ھەم 5-ئايەتنىڭ مەنىسى: رەزىل كىشىلەردىن ھېچ ھوسۇل بولمايدۇ، ئۇلاردىن ھېچ ياخشىلىق ياكى بەخت-خۇشاللىق كەلمەيدۇ ياكى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشمەيدۇ.

**3:130** زەب. 2:143

**4:130** 2سام. 14:24

**5:130** زەب. 14:27؛ 1:40؛ 1:62؛ ھاب. 3:2

جېنىم رەبگە تەشنا بولۇپ كۈتمەكتە.
7 ئى ئىسرائىل، پەرۋەردىگارغا ئۈمىد باغلاڭلار؛
چۈنكى پەرۋەردىگاردا ئۆزگەرمەس مۇھەببەت باردۇر؛
ئۇنىڭدا زور نىجاتلىقلارمۇ بار؛
8 ئۇ ئىسرائىلنى بارلىق قەبىھلىكلىرىدىن بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزىدۇ.

## 131-كۈي
## كەمتەرلىككە ئىنتىلىش

131 1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»؛ داۋۇت يازغان كۈي: ــ
ئى پەرۋەردىگار، كۆڭلۈم تەكەببۇر ئەمەس،
نەزىرىممۇ ئۈستۈن ئەمەس؛
مەن چوڭ ئىشلار بىلەنمۇ،
ياكى چامىم يەتمەيدىغان كارامەت ئىشلار بىلەنمۇ مەشغۇل بولمايمەن؛
2 بەرھەق، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان ئەمچەكتىن ئايرىلغان بالىدەك،
ئۆز جېنىمنى بېسىۋېلىپ تىنچلاندۇردۇم؛
كۆڭلۈم ئىچىمدە ئەمچەكتىن ئايرىلغان بالىدەكتۇر.
3 ئىسرائىل پەرۋەردىگارغا ئۈمىد باغلىسۇن؛
هازىردىن باشلاپ، ئەبەدىلئەبەدگىچە!

---

**6:130** زەب. 3:5؛ 147:119؛ 1:123، 2
**1:131** 2تار. 25:32؛ زەب. 101:4-5؛ پەند. 17:6؛ 5:16

## 132-كۈي

## خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ۋە خۇدانىڭ داۋۇتقا بولغان ۋەدىسى

## 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

132 [1] «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»

ئى پەرۋەردىگار، داۋۇت ئۇچۇن ئۇ تارتقان بارلىق جەبىر-جاپالارنى ياد ئەتكەيسەن؛
[2] ئۇ پەرۋەردىگارغا قانداق قەسەم ئىچكەن،
ياقۇپنىڭ قۇدرەتلىك ئىگىسىگە قانداق ۋەدە قىلغان: ــ
[3-5] «پەرۋەردىگارغا تۇرار جاينى،
ياقۇپنىڭ قۇدرەتلىك ئىگىسىگە ماكاننى تاپمىغۇچە،
ئۆيۈمدىكى ھۇجرىغا كىرمەيمەن،
كارىۋاتتىكى كۆرپەمگە چىقمايمەن،
كۆزۈمگە ئۇيقۇنى،
قاپاقلىرىمغا مۈگدەشنى بەرمەيمەن».
[6] مانا، بىز ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئەفراتاھدا ئاڭلىدۇق؛
ئۇنى ئورمانلىق ئېتىزلاردىن تاپتۇق؛

---

1:132 **«ئى پەرۋەردىگار، داۋۇت ئۇچۇن ئۇ تارتقان جەبىر-جاپالارنى ياد ئەتكەيسەن؛....»** ــ بۇ كۈي بىرىنچىدىن، داۋۇتنىڭ پەرۋەردىگار ئۇچۇن ئىبادەتخانا قۇرۇشقا ئىچكەن قەسەمنى بىلدۈرىدۇ ھەم شۇ چاغدىكى خۇدانىڭ داۋۇتقا جاۋاب بېرىپ قىلغان ۋەدىسىنى («2سام.» 7-باب) ئەسلىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، داۋۇتنىڭ كېيىن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كىرىئات-يېئارىم (يەنى ئەفراتاھ، ئۆز يۇرتى بولغان بەيت-لەھەمگە يېقىن) دېگەن جايدىن ئەكىلىپ، تەنتەنىلىك ھالدا يېرۇسالېمغا كىرگۈزگەنلىكىنىمۇ ئەسلىتىدۇ.

—بۇ كۈي بەلكىم داۋۇتنىڭ بىر ئەۋلادى (سۇلايمان ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرسى) پادىشاھ بولغاندا قىلغان دۇئاسى بولۇشى مۇمكىن. —**«داۋۇت ... تارتقان بارلىق جەبىر-جاپالار»** ــ مۇشۇ يەردە بەلكىم داۋۇتنىڭ خۇدا ئۇچۇن مۇقەددەس بىر ئۆينى ياساشقا بولغان ئەجرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

3:132-5 1تار. 1:15

6:132 **«... بىز ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئەفراتاھدا ئاڭلىدۇق»** ــ «ئۇنىڭ خەۋرى» بەلكىم بىرىنچىدىن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن بېشارەتلىك ھالدا مەسىھنىڭ بەيت-لەھەمدە تۇغۇلۇشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. **«ئۇنى ئورمانلىق ئېتىزلاردىن تاپتۇق»**

7 ئۇنىڭ تۇرار جايلىرىغا بېرىپ كىرەيلى،
ئۇنىڭ تەختىپەرى ئالدىدا سەجدە قىلايلى؛
8 ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ئى پەرۋەردىگار،
سەن قۇدرىتىڭنىڭ ئىپادىسى ئەھدە ساندۇقۇڭ بىلەن،
ئۆز ئارامگاھىڭغا كىرگىن!
9 كاھىنلىرىڭ ھەققانىيلىق بىلەن كىيىندۈرۈلسۇن،
مۆمىن بەندىلىرىڭ تەنتەنىلىك ئاۋازنى ياڭراتسۇن!
10 قۇلۇڭ داۋۇت ئۈچۈن،
ئۆزۈڭ مەسىھ قىلغىنىڭنىڭ يۈزىنى ياندۇرمىغايسەن؛
11 پەرۋەردىگار ئۆز ھەقىقىتى بىلەن داۋۇتقا شۇ قەسەمنى قىلدى،
ئۇ ئۇنىڭدىن ھېچ يانمايدۇ: ــ
ئۇ: ــ «ئۆز پۇشتىڭدىن چىققان مېۋىدىن بىرسىنى تەختىڭدە ئولتۇرغۇزىمەن؛
12 پەرزەنتلىرىڭ مېنىڭ ئەھدەمنى،
ھەم مەن ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان ئاگاھ-گۇۋاھلىرىمنى تۇتسا،
ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى مەڭگۈگە تەختىڭدە ئولتۇرىدۇ» ــ دېگەن.
13 چۈنكى پەرۋەردىگار زىئوننى تاللىغان؛
ئۇ ئۆز ماكانى ئۈچۈن ئۇنى خالىغان.
14 مانا ئۇ: ــ «بۇ مەڭگۈگە بولىدىغان ئارامگاھىمدۇر؛
مۇشۇ يەردە تۇرىمەن؛
چۈنكى مەن ئۇنى خالايمەن.
15 مەن ئۇنىڭ رىزقىنى ئىنتايىن زور بەرىكەتلەيمەن؛

ــ ياكى «ئۇنى يائارنىڭ ئېتىزلىرىدىن تاپتۇق». «يائار» «كىرىئات-يېئارىم» بولۇشى مۇمكىن («1سام.» 7:1نى كۆرۈڭ).

10:132 **«قۇلۇڭ داۋۇت ئۈچۈن، ئۆزۈڭ مەسىھ قىلغىنىڭنىڭ يۈزىنى ياندۇرمىغايسەن»** ــ بەلكىم داۋۇتنىڭ پادىشاھ بولىدىغان ئەۋلادى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى. خۇدانىڭ «مەسىھ قىلغىنى» توغرۇلۇق يۇقىرىقى 2-كۇي ۋە ئىزاھاتلارنى، شۇنداقلا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**11:132** 2سام. 12:7؛ 1پاد. 25:8؛ 2تار. 16:6؛ لۇقا 69:1

**14:132** زەب. 16:68؛ 8:132

ئۇنىڭ يوقسۇللىرىنى نان بىلەن قاندۇرىمەن؛
16 ئۇنىڭ كاھىنلىرىغا نىجاتلىقنى كىيگۈزىمەن،
ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلىرى شادلىقتىن تەنتەنىلىك ئاۋازنى ياڭرىتىدۇ.
17 مەن بۇ يەردە داۋۇتنىڭ مۈڭگۈزىنى بىخلاندۇرىمەن؛
ئۆزۈمنىڭ مەسىھ قىلغىنىم ئۈچۈن يورۇق بىر چىراغ بېكىتكەنمەن؛
18 ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە شەرمەندىلىكنى كىيگۈزىمەن؛
ئەمما ئۇنىڭ كىيگەن تاجى بېشىدا روناق تاپىدۇ» ــ دېدى.

## 133-كۈي
## بىرلىكنىڭ بەختى

133 1 «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»؛ داۋۇت يازغان كۈي: ــ
قارا، مانا، قېرىنداشلار بىرلىكتە تۇرۇش نېمىدېگەن ياخشى،
نېمىدېگەن شېرىندۇر!
2 ئۇ ھارۇننىڭ بېشىغا تۆكۈلۈپ، ساقىلىدىن ئاققان ئاۋۇ قىممەتلىك
مايدەك،
ئۇ ھارۇننىڭ ساقىلىدىن ئېقىپ،
كىيىم-كېچەكنىڭ ياقىسىغا چۈشكەن قىممەتلىك مايغا ئوخشايدۇ؛
3 ئۇ يەنە ھەرمون تېغىدىكى شەبنەمنىڭ زىئون تاغلىرىغا چۈشۈشىگە
ئوخشايدۇ؛

---

**16:132** 2تار. 6:41

**17:132** لۇقا 1:69

2:133 **«ئۇ ھارۇننىڭ بېشىغا تۆكۈلۈپ، ساقىلىدىن ئاققان ئاۋۇ قىممەتلىك مايدەك، ئۇ ھارۇننىڭ ساقىلىدىن ئېقىپ، كىيىم-كېچەكنىڭ ياقىسىغا چۈشكەن قىممەتلىك مايغا ئوخشايدۇ»** ــ ھەزرىتى ھارۇننى باش كاھىن قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن، ئۇ ئالاھىدە پۇراقلىق مەخسۇس ماي بىلەن «مەسىھ قىلىنغان». تەۋرات، «مىس.»، 30:22-38-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

چۈنكى شۇ يەردە پەرۋەردىگار بەرىكەتنى ــ
يەنى مەڭگۈلۈك ھاياتنى بۇيرۇغان!

## 134-كۈي
## ئىبادەت

134 [1] «يۇقىرىغا چىقىش ناخشىسى»

مانا، پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار،
ئى، كېچىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان،
پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق قۇللىرى!
[2] مۇقەددەس جايدا تۇرۇپ قوللىرىڭلارنى كۆتۈرۈپ پەرۋەردىگارغا
تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار!
[3] ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچى پەرۋەردىگار سىلەرنى زىئوندىن
بەرىكەتلىگەي!

## 135-كۈي
## خۇدانىڭ قىلغان ئۇلۇغ ئەمەللىرى ئۈچۈن ئىبادەت

135 [1] ھەمدۇسانا! پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى مەدھىيىلەڭلار،
ئۇنى مەدھىيىلەڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ قۇللىرى!

---

3:133 **«ئۇ يەنە ھەرمون تېغىدىكى شەبنەمنىڭ زىئون تاغلىرىغا چۈشۈشىگە ئوخشايدۇ...»** ــ «ھەرمون تېغى» پەلەستىندىكى ئەڭ ئېگىز تاغ بولۇپ، ئەتراپىدا ھەركۈنى چۈشكەن شەبنەم ئىنتايىن مول بولۇپ، ھەممە جانىۋارنى جانلاندۇرىدۇ. ئۇ زىئون تاغلىرىدىن 300 كىلومېتىر يىراق. زىئون تېغىغا چۈشىدىغان شەبنەم ئازدۇر؛ مول شەبنەم زىئونغا چۈشسە، ئۇ زور ۋە ئاجايىب بەرىكەت بولاتتى، ئەلۋەتتە.

3:134 **«...پەرۋەردىگار سىلەرنى زىئوندىن بەرىكەتلىگەي!»** ــ ئىبرانىي تىلدا «تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇش» (1-ئايەت) ھەم «بەرىكەتلەش» دېگەنلەر بىرلا سۆز («باراك») بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

[2] ئۇنى مەدھىيىلەڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە تۇرغانلار،
خۇدايىمىزنىڭ ھويلىلىرىدا تۇرغانلار!
[3] ياھنى مەدھىيىلەڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار مېھرىباندۇر؛
ئۇنىڭ نامىغا كۈي ئېيتىڭلار؛
چۈنكى مۇشۇنداق قىلىش شېرىندۇر؛
[4] چۈنكى ياھ ياقۇپنى ئۆزىنىڭكى بولۇشقا،
ئىسرائىلنى ئۆز مىراسى بولۇشقا تاللىۋالدى.
[5] چۈنكى ئۆزۈم بىلىمەنكى، پەرۋەردىگار ئۇلۇغدۇر؛
رەببىمىز بارلىق ئىلاھلاردىن ئۈستۈندۇر.
[6] پەرۋەردىگار نېمە ئىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن بولسا،
ئۇ ئاسمانلاردا،
زېمىندا،
دېڭىزلاردا ھەم ئۇنىڭ بارلىق تەگلىرىدىمۇ شۇنى قىلغاندۇر.
[7] ئۇ يەر چەتلىرىدىن بۇلۇت-تۇمانلارنى ئۆرلىتىدۇ؛
يامغۇرلارغا چاقماقلارنى ھەمراھ قىلىدۇ؛
شامالنى ئۆز خەزىنىلىرىدىن چىقىرىدۇ.
[8] ئۇ مىسىردىكى تۇنجى ئوغۇللارنى ھالاك قىلدى،
ئىنسانلارنىڭ بولسۇن، ھايۋانلارنىڭ بولسۇن ھەممىنى ئۇرۇپ ھالاك قىلدى.
[9] ئۇ ئالامەتلەرنى، مۆجىزىلەرنى ئاراڭلارغا ئەۋەتتى، ئى مىسىر؛
پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ ھەممە قۇللىرى ئۈستىگە ئەۋەتتى.
[10] ئۇ ئۇلۇغ ئەللەرنى ئۇرۇۋەتتى،

---

**4:135** مىس. 5:19؛ قان. 6:7؛ تت. 14:2؛ 1پېت. 9:2

**5:135 «پەرۋەردىگار... بارلىق ئىلاھلاردىن ئۈستۈندۇر»** — بۇ ئايەت «ئىلاھلار»نىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. 3:95 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**7:135** يەر. 13:10؛ 16:51

**8:135** مىس. 12،29:12؛ زەب. 51:78

**9:135** مىس. 7،8،9،10،14

قۇدرەتلىك پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؛
11 ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھوننى،
باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنى،
قانائاندىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنى ئۆرۈۋەتتى.
12 ئۇلارنىڭ زېمىنىنى مىراس قىلىپ،
ئۆز خەلقى ئىسرائىلغا مىراس بولۇشقا تەقدىم قىلدى.
13 سېنىڭ نامىڭ، پەرۋەردىگار، مەڭگۈگە،
شۆھرەت-خاتىرەڭ دەۋردىن-دەۋرگىچىدۇر.
14 چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنىڭ دەۋاسىنى سورايدۇ؛
ئۆز قۇللىرىغا رەھىم قىلىدۇ.
15 ئەللەرنىڭ بۇتلىرى بولسا پەقەتلا كۈمۈش-ئالتۇندىن ئىبارەتتۇر،
ئۇلارنى ئىنسانىنىڭ قوللىرى ياسىغاندۇر، خالاس.
16 ئۇلارنىڭ ئاغزى بار، بىراق سۆزلىمەيدۇ؛
كۆزلىرى بار، بىراق كۆرمەيدۇ؛
17 قۇلاقلىرى بار، بىراق ئاڭلىمايدۇ،
ئاغزىدا ھېچ نەپەس يوقتۇر.
18 ئۇلارنى ياسىغانلار ئۇلارغا ئوخشاپ قالىدۇ،
ئۇلارغا تايانغانلارمۇ شۇنداقتۇر.
19 ئىسرائىل جەمەتى، پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار؛
ھارۇن جەمەتى، پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار؛
20 لاۋىي جەمەتى، پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار؛
پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغانلار، پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇڭلار!

---

**10:135** يە. 12

**12:135** زەب. 55:78

**13:135** مىس. 15:3؛ زەب. 12:102

**14:135** قان. 36:32؛ زەب. 13:90

**15:135** زەب. 4:115

21 يېرۇسالېمدا ماكانلاشقان پەرۋەردىگارغا زىئوندىن تەشەككۇر-
مەدھىيە ئېيتىلسۇن!
ھەمدۇسانا!

## 136-كۈي
## پەرۋەردىگارنىڭ مۇھەببىتىگە تەشەككۇر ئېيتىڭلار!

136 1 پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر ئېيتىڭلار، ئۇ مېھرىباندۇر؛
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
2 ئىلاھلارنىڭ ئىلاھىغا تەشەككۇر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
3 رەبلەرنىڭ رەببىگە تەشەككۇر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
4 زور كارامەتلەرنى بىردىنبىر يۈرگۈزگۈچىگە تەشەككۇر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
5 ئەقىل-پاراسەت ئارقىلىق ئاسمانلارنى ياسىغۇچىغا تەشەككۇر
ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
6 زېمىننى سۇلار ئۈستىدە سوزۇپ تۇرغۇزغۇچىغا تەشەككۇر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
7 ئۇلۇغ نۇر جىسىملىرىنى ياسىغۇچىغا تەشەككۇر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
8 كۈندۈزنى باشقۇرىدىغان قۇياشنى ياسىغۇچىغا تەشەككۇر ئېيتىڭلار،

---

**2:136** **«ئىلاھلارنىڭ ئىلاھىغا تەشەككۇر ئېيتىڭلار»** — «ئىلاھلار» توغرۇلۇق 3:95 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.
**5:136** يار. 1:1
**6:136** زەب. 24:1-2
**7:136** يار. 1:14

چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
9 كېچىنى باشقۇرىدىغان ئاي ھەم يۇلتۇزلارنى ياسىغۇچىغا تەشەككۈر
ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
10 ئۇلارنىڭ تۇنجىلىرىنى ئۇرۇپ، مىسىرغا زەرب بەرگۈچىگە تەشەككۈر
ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
11 ئىسرائىلنى ئۇلار ئارىسىدىن چىقارغۇچىغا تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
12 كۈچلۈك قول ھەم ئۇزاتقان بىلەك بىلەن ئۇلارنى چىقارغۇچىغا
تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
13 قىزىل دېڭىزنى بۆلەك-بۆلەك بۆلگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
14 ھەم ئىسرائىلنى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزگۈچىگە تەشەككۈر
ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
15 قىزىل دېڭىزدا پىرەۋننى قوشۇنلىرى بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىغۇچىغا
تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
16 ئۆز خەلقىنى چۆل-باياۋاندىن يېتەكلىگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛

---

**8:136** يار. 16:1

**10:136** مىس. 29:12؛ زەب. 43،51:78

**11:136** مىس. 31،51:12؛ 3،17:13

**12:136** مىس. 6:6

**13:136** مىس. 21،22:14؛ زەب. 13:78

**15:136** مىس. 24:14

**16:136** مىس. 15،16،17،19؛ زەب. 52:78

17 بۈيۈك پادىشاھلارنى ئۇرۇۋەتكۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
18 ھەم مەشھۇر پادىشاھلارنى ئۆلتۈرگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
19 جۈملىدىن ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھوننى ئۆلتۈرگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
20 ــ ھەم باشان پادىشاھى ئوگنى ئۆلتۈرگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
21 ئۇلارنىڭ زېمىنىنى مىراس ئۈچۈن بەرگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
22 بۇنى بەندىسى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بەرگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
23 ھالىمىز خاراب ئەھۋالدا، بىزلەرنى ئەسلىگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
24 بىزنى ئەزگەنلەردىن قۇتۇلدۇرغۇچىغا تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
25 بارلىق ئەت ئىگىلىرىگە ئوزۇق بەرگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر؛
26 ئەرشلەردىكى تەڭرىگە تەشەككۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر!

---

**17:136** چۆل. 21:35،34،25،24؛ يە. 12:1؛ زەب. 11:135،10
**20:136** قان. 3:1-7
**21:136** يە. 12:6
**24:136** **«قۇتۇلدۇرغۇچى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «يىرتىپ چىققۇچى».
**24:136** لام. 5:8

## 137-كۈي
## بابىلدا سۈرگۈن بولۇشنىڭ دەرد-ئەلەمى

137 [1] بابىلدىكى دەريا-ئېرىقلار بويىدا بىز ئولتۇردۇق؛
زىئوننى ئەسلىگىنىمىزدە، بەرھەق يىغا كۆتۈردۇق؛
[2] چىلتارىمىزنى ئارىسىدىكى سۆگەتلەرگە ئېسىپ قويدۇق.
[3] چۈنكى بىزنى سۈرگۈن قىلغانلار بىزدىن ناخشا تەلەپ قىلدى؛
بىزنى زارلاتقۇچىلار بىزدىن تاماشا تەلەپ قىلىپ: ــ
«ھەي، زىئون ناخشىلىرىدىن بىرنى بىزگە ئېيتىپ بېرىڭلار» ــ دېيىشتى.
[4] ياقا يۇرتتا تۇرۇپ پەرۋەردىگارنىڭ ناخشىسىنى قانداقمۇ ئېيتالايلى؟
[5] ئەي يېرۇسالېم، مەن سېنى ئۇنتۇسام،
ئوڭ قولۇم ماھارىتىنى ئۇنتۇسۇن!
[6] سېنى ئەسلىمىسەم،
يېرۇسالېمنى ئەڭ چوڭ خۇرسەنلىكىمدىن ئەۋزەل كۆرمىسەم ــ
تىلىم تاڭلايىمغا چاپلىشىپ قالسۇن!
[7] ئى پەرۋەردىگار، ئېدوم باللىرىدىن ھېساب ئالغاندا، يېرۇسالېمنىڭ
بېشىغا چۈشكەن كۈننى يادىڭغا كەلتۈرگەيسەن؛
چۈنكى ئۇلار: «ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىڭلار،
ئۇلىغىچە يەر بىلەن يەكسان قىلىڭلار!» دېيىشتى.
[8] ئى بۇلىنىش ئالدىدا تۇرغان بابىل قىزى،
بىزگە قىلغان قىلمىشلىرىڭنى ئۆزۈڭگە قايتۇرغۇچى بەختلىكتۇر!
[9] بوۋاقلىرىڭنى ئېلىپ تاشقا ئاتقۇچى كىشى بەختلىكتۇر!

---

**3:137** زەب. 1:79
**5:137** **«ئوڭ قولۇم ماھارىتىنى ئۇنتۇسۇن!»** ــ ياكى «ئوڭ قولۇمنى ئۇنتۇغان بولسام!».
**7:137** يەر. 7:49؛ ئەز. 12:25
**8:137** يەر. 15،29:50؛ ۋەھ. 6:18

## 138-كۈي
## شەپقەتكە رەھمەتلەر

138 [1] داۋۇت يازغان كۈي: ــ
پۈتۈن قەلبىم بىلەن ساڭا تەشەككۇر ئېيتىمەن؛
بارلىق ئىلاھلار ئالدىدا سېنى كۈيلەيمەن.
[2] پاك-مۇقەددەسلىكىڭنىڭ ئىبادەتخانىسىغا قاراپ باش ئۇرىمەن،
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ھەم ھەقىقەت-ساداقىتىڭ ئۈچۈن نامىڭنى تەبرىكلەيمەن؛
چۈنكى سەن پۈتۈن نام-شۆھرىتىڭدىنمۇ بەكرەك، ۋەدەڭدە تۇرىدىغىنىڭنى ئۇلۇغ قىلغانسەن.
[3] ساڭا نىدا قىلغان كۈنىدە، ماڭا جاۋاب بەرگەنسەن؛
جېنىمغا كۈچ كىرگۈزۈپ، مېنى رىغبەتلەندۈرگەنسەن.
[4] ئاغزىڭدىكى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ئى پەرۋەردىگار،
جاھاندىكى بارلىق شاھلار سېنى مەدھىيىلەيدۇ؛
[5] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ يوللىرىدا يۈرۈپ ناخشا ئېيتىدۇ،
چۈنكى ئۇلۇغدۇر پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى.
[6] چۈنكى پەرۋەردىگار ئالىيدۇر؛
بىراق ئۇ ھالى بوشلارغا نەزەر سالىدۇ؛
تەكەببۇلارنى بولسا ئۇ يىراقتىن تونۇپ يېتىدۇ.
[7] زۇلمەت-مۇشەققەتلەر ئارىسىدا ماڭغان بولساممۇ،
سەن مېنى جانلاندۇرىسەن؛

---

1:138 **«بارلىق ئىلاھلار ئالدىدا سېنى كۈيلەيمەن»** ــ «ئىلاھلار» توغرۇلۇق 3:95 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

2:138 **«چۈنكى سەن پۈتۈن نام-شۆھرىتىڭدىنمۇ بەكرەك، ۋەدەڭدە تۇرىدىغىنىڭنى ئۇلۇغ قىلغانسەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى سەن ئۆز نام-شۆھرىتىڭ ھەم ۋەدەڭنى ھەممىدىن ئۈستۈن قىلدىڭ». لېكىن بىزنىڭچە مەنىسى شۇكى، خۇداغا نىسبەتەن ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇش ھەتتا نام-شۆھرىتىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

**6:138** زەب. 7-4:113

دۈشمەنلىرىمنىڭ غەزىپىنى توسۇشقا قولۇڭنى ئۇزارتىسەن،
ئوڭ قولۇڭ مېنى قۇتقۇزىدۇ.
8 پەرۋەردىگار ماڭا تەۋە ئىشلارنى پۈتكۈزىدۇ؛
مېھىر-مۇھەببىتىڭ، ئى پەرۋەردىگار، مەڭگۈلۈكتۇر؛
ئۆز قوللىرىڭ ياسىغاننى تاشلاپ كەتمىگەيسەن!

## 139-كۈي
## خۇدا قەلبنى بىلگۈچىدۇر

139
1 نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: ــ

ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنى تەكشۈرۈپ چىقتىڭ،
ھەم مېنى بىلىپ يەتتىڭ؛
2 ئۆزۈڭ ئولتۇرغىنىمنى، تۇرغىنىمنىمۇ بىلىسەن؛
يىراقتا تۇرۇقلۇق كۆڭلۈمدىكىنى بىلىسەن.
3 باسقان قەدەملىرىمنى، ياتقانلىرىمنى ئۆتكەمەڭدىن ئۆتكۈزدۈڭ؛
بارلىق يوللىرىم ساڭا ئايانادۇر.
4 بەرھەق، تىلىمغا بىر سۆز كېلە-كەلمەستىنلا، ئى پەرۋەردىگار،
مانا سەن بۇنى ئەينى بويىچە بىلمەي قالمايسەن.
5 سەن مېنى ئالدى-كەينىمدىن ئوراپ تۇرىسەن،
قولۇڭنى مېنىڭ ئۈستۈمگە قوندۇرغانسەن.
6 بۇنداق بىلىم ماڭا شۇنچىلىك تىلسىمات بىلىنىدۇ!
شۇنداق يۈكسەككى، مەن ئۇنى بىلىپ يېتەلمەيدىكەنمەن.
7 روھىڭدىن نېرى بولۇشقا نەلەرگىمۇ بارالايتتىم؟
ھۇزۇرۇڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ نەلەرگە بارالايتتىم؟
8 ئاسمانلارغا چىقسام، مانا سەن ئاشۇ يەردە؛

تەھتىسارادا ئورۇن سالسامۇ، مانا سەن شۇ يەردە؛
9 سەھەرنىڭ قاناتلىرىنى ئېلىپ ئۇچۇپ،
دېڭىزنىڭ ئەڭ چەت يەرلىرىدە تۇرسام،
10 ھەتتا ئاشۇ جايدا قولۇڭ مېنى يېتەكلەيدۇ،
ئوڭ قولۇڭ مېنى يۆلەيدۇ.
11 مەن: «قاراڭغۇلۇق مېنى ياپسا،
ئەتراپىمدىكى يورۇقلۇق چوقۇم كېچە بولىدۇ» ــ دېسەم،
12 قاراڭغۇلۇقمۇ سەندىن يوشۇرۇنالمايدۇ،
كېچىمۇ ساڭا كۈندۈزدەك ئايدىڭدۇر،
قاراڭغۇلۇقمۇ ساڭا يورۇقتەكتۇر.
13 بەرھەق، سەن مېنىڭ ئىچلىرىمنى ياسىغانسەن؛
ئانامنىڭ قورسىقىدا مېنى توقۇغانسەن؛
14 مەن سېنى مەدھىيىلەيمەن،
چۈنكى مەن سۈرلۈك ۋە كارامەت ياسالغانمەن؛
سېنىڭ قىلغانلىرىڭ كارامەت ئىلسماتتۇر؛
بۇنى جېنىم ئوبدان بىلىدۇ.
15 مەن يوشۇرۇن جايدا ياسالغىنىمدا،
يەر تەگلىرىدە ئەپچىللىك بىلەن توقۇلۇپ شەكىللەندۈرۈلگىنىمدە،
ئۇستىخانلىرىم سەندىن يوشۇرۇن ئەمەس ئىدى.
16 ئەزالىرىم تېخى ئاپىرىدە بولمىغان كۈنلەردە،
ئۇلار ياسىلىۋاتقان كۈنلەردە،
كۆزۈڭ تېخى شەكىللەنمىگەن جىسمىمنى كۆرۈپ يەتكەندى؛

---

**8:139** ئايۇپ 6:26؛ ئام. 2:9، 3، 4؛ ئىبر. 13:4

13:139 **«بەرھەق، سەن مېنىڭ ئىچلىرىمنى ياسىغانسەن»** ــ ياكى «چۈنكى سەن مېنىڭ ئىچلىرىمنى ياسىغانسەن».
—«ئىچلىرىم» بولسا ئىبرانيي تىلدا «بۆرەكلىرىم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (بەزى ۋاقىتلاردا بۆرەكلەر ۋىجداننى بىلدۈرىدۇ).
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بەرھەق، سەن مېنىڭ ئىچلىرىمگە ئىگىدۇرسەن».

**15:139** ئايۇپ 8،10:10؛ توپ. 5:11

**ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللىبۇرۇن دەپتىرىڭدە پۈتۈلگەنىدى.**
**17 ئاھ تەڭرىم، ئويلىرىڭ ماڭا نەقەدەر قىممەتلىكتۇر!**
**ئۇلارنىڭ يىغىندىسى شۇنچە زوردۇر!**
**18 ئۇلارنى ساناي دېسەم، ئۇلار دېڭىزدىكى قۇملاردىنمۇ كۆپتۇر؛**
**ئويغانغىنىمدا يەنىلا سەن بىلەن بىللىدۇرمەن!**
**19 ئاھ، سەن رەزىللەرنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ ئىدىڭ، ئى خۇدا!**
**قانخور كىشىلەر، مەندىن يىراق بولۇڭلار!**
**20 چۈنكى ئۇلار سېنىڭ توغرۇلۇق ھىيلىلىك بىلەن سۆزلەيدۇ؛**
**سېنىڭ شەھەرلىرىڭ ئۇلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلدى.**
**21 ساڭا ئۆچمەن بولغانلارغا، ئى پەرۋەردىگار، مەنمۇ ئۆچقۇ؟**
**ساڭا قارشى چىققانلارغا مەنمۇ يىرگىنمەمنىغۇ؟**
**22 ئۇلارغا چىش-تىرنىقىمغىچە ئۆچتۇرمەن؛**
**ئۇلارنى ئۆز دۈشمەنلىرىم دەپ ھېسابلايمەن.**
**23 مېنى كۆزىتىپ تەكشۈرگەيسەن، ئى تەڭرىم!**
**مېنىڭ قەلبىمنى بىلىپ يەتكەيسەن!**
**مېنى سىناپ، غەملىك ئويلىرىمنى بىلگەيسەن؛**
**24 مەندە ئۆزۈڭگە ئازار بەرگۈدەك يولنىڭ بار-يوقلۇقىنى كۆرگەيسەن؛**
**ۋە مېنى مەڭگۈلۈك يولۇڭدا يېتەكلىگەيسەن!**

---

16:139 **«ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللىبۇرۇن دەپتىرىڭدە پۈتۈلگەنىدى»** — يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار يوق بولغان ۋاقىتتا، ماڭا بېكىتىلگەن كۈنلىرىمنىڭ ھەممىسى دەپتىرىڭدە پۈتۈلگەن».

18:139 **«ئويغانغىنىمدا يەنىلا سەن بىلەن بىللىدۇرمەن!»** — «ئويغانغىنىمدا» بۇ يەردە بەلكىم تىرىلىش كۈنىنى كۆرسىتىدۇ.

20:139 **«سېنىڭ شەھەرلىرىڭ ئۇلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلدى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ نامىڭنى بىكار ئىشلىتىدۇ».

**23:139** ئايۇپ 6:31؛ زەب. 3:17؛ 2:26

## 140-كۈي
## ئاھانەتچىلەر ھەم زومگەرلەر ئارىسىدا

140 [1] نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئوقۇلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي: —

رەزىل ئادەمدىن، ئى پەرۋەردىگار، مېنى ئازاد قىلغايسەن؛
زوراۋان كىشىدىن مېنى ساقلىغايسەن.
[2] ئۇلار كۆڭلىدە يامانلىقلارنى ئويلىماقتا؛
ئۇلار ھەر كۈنى جەم بولۇشۇپ ئۇرۇش چىقارماقچى.
[3] تىلىنى يىلاننىڭكىدەك ئۈتكۈر قىلىدۇ؛
كوبرا يىلاننىڭ زەھىرى لەۋلىرى ئاستىدا تۇرىدۇ؛
سېلاھ.
[4] رەزىل ئادەمنىڭ قوللىرىدىن مېنى ئامان قىلغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
پۇتلىرىمنى پۇتلاشنى قەستلەيدىغان زوراۋان كىشىدىن ساقلىغايسەن.
[5] تەكەببۇرلار مەن ئۈچۈن قىلتاق، تانىلارنى يوشۇرۇپ تەييارلىدى؛
يول بويىدا تور يايدى،
مەن ئۈچۈن تۇزاقلارنى سالدى؛
سېلاھ.
[6] مەن پەرۋەردىگارغا: «سەن مېنىڭ تەڭرىمدۇرسەن» — دېدىم؛
يىلىنىشلىرىم ساداسىغا قۇلاق سالغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
[7] پەرۋەردىگار رەب نىجاتلىقىمنىڭ كۈچىدۇر؛
سەن جەڭ كۈنىدە بېشىمنى يېپىپ قوغدىغانسەن.
[8] رەزىل ئادەمنىڭ ئۈمىدىنى ئىجابەت قىلمىغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
ئۇلارنىڭ ھىيلىلىرىنى ئاققۇزمىغايسەن؛
بولمىسا ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇۋالىدۇ.

---

**3:140** زەب. 58:4-5؛ رىم. 13:3

**5:140** يەر. 22:18

سىلاھ.
9 مېنى قورشىۋالغانلارنىڭ بولسا،
لەۋلىرىدىن چىققان شۇملۇق ئۆلارنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشسۇن؛
10 ئۇستىگە چوغلار ياغدۇرۇلسۇن؛
ئۇلار ئوتقا،
قايتىدىن چىقالمىغۇدەك ھاڭلارغا تاشلىۋېتىلسۇن؛
11 تىلى چېقىمچى ئادەمنىڭ يەر يۈزىدە ئورنى بولمىسۇن؛
بالايىئاپەت زوراۋانلارنى تۇگەشكۈچە ئوۋلايدۇ؛
12 مەن بىلىمەنكى، پەرۋەردىگار ئېزىلگەنلەرنىڭ دەۋاسىنى سورايدۇ،
يوقسۇلنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىدۇ؛
13 بەرھەق، ھەققانىيلار نامىڭغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ؛
كۆڭلى دۇرۇسلار ھۇزۇرۇڭدا ياشايدۇ.

## 141-كۈي
## رەزىللىك بىلەن مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدۇ

141

1 داۋۇت يازغان كۈي: ــ
پەرۋەردىگار، مەن ساڭا نىدا قىلدىم؛
يېنىمغا تېزدىن كەلگەيسەن؛
ساڭا نىدا قىلغىنىمدا ئاۋازىمنى ئاڭلىغايسەن.
2 دۇئايىمنى ئاڭلىغىنىڭدا، ساڭا سۇنۇلغان خۇشبۇيدەك يېقىملىق بولسۇن،
قولۇمنىڭ كۆتۈرۈلۈشى سۇنۇلغان كەچلىك قۇربانلىقتەك قوبۇل

---

9:140 **«مېنى قورشىۋالغانلارنىڭ بولسا، لەۋلىرىدىن چىققان شۇملۇق ئۆلارنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشسۇن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مېنى قورشىغانلارنىڭ باشلامچىلىرىغا بولسا، ئۆز لەۋلىرىدىن چىققان شۇملۇق ئۆزلىرىگە چۈشسۇن».

بولسۇن.

3 ئاغزىم ئالدىدا كۆزەتچى تۇرغۇزغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
لەۋلىرىم دەرۋازىسىنى ساقلىغايسەن؛

4 كۆڭلۈمنى ھېچقانداق يامان ئىشقا،
قەبىھلىك قىلغۇچىلارغا شېرىك بولۇپ، رەزىللىك قىلىشقا مايىل قىلمىغايسەن.
مېنى ئۇلارنىڭ نېمەتلىرىدىن ھېچ يېگۈزمىگەيسەن!

5 ھەققانىي ئادەم مېنى ئۇرسۇن —
بۇ ماڭا مېھرىبانلىقتۇر؛
ماڭا تەنبىھ بەرسۇن —
بۇ بولسا، بېشىم رەت قىلمايدىغان، قۇيۇلغان ئېسىل مايدەك بولىدۇ.
چۈنكى مېنىڭ دۇئايىم يەنىلا شۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىگە قارشى بولىدۇ.

6 ئۇلارنىڭ ھاكىملىرى تىك يارلاردىن تاشلىۋېتىلگەندە،
خەلق مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلايدۇ؛
چۈنكى بۇ سۆزلەر شېرىندۇر.

7 بىرسى ئوتۇن يارغاندا يەرگە چېچىلغان يېرىندىلاردەك،

---

2:141 **«قولۇمنىڭ كۆتۈرۈلۈشى سۇنۇلغان كەچلىك قۇربانلىقتەك قوبۇل بولسۇن»** — ياكى «قولۇمنىڭ كۆتۈرۈلۈشى سۇنۇلغان كەچلىك ئاشلىق ھەدىيەسىدەك قوبۇل بولسۇن» — ئىبادەتخانىدا كاھىنلار كەچلىك قۇربانلىق ياكى ھەدىيە سۇنۇشتىن ئاۋۋال، قولى بىلەن شۇ قۇربانلىق-ھەدىيەلەرنى خۇدا ئالدىدا كۆتۈرەتتى.

**2:141** مىس. 30:29؛ ۋەھ. 5:8؛ 3:8

5:141 **«چۈنكى مېنىڭ دۇئايىم يەنىلا شۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىگە قارشى بولىدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى مېنىڭ دۇئايىم ئۇلارغا (رەزىللەرگە) كۇلپەت چۈشكەندە ئۇلار ئۈچۈن داۋاملىشىۋېرىدۇ» (ئىبرانىي تىلىدا «يامانلىق» ھەم «كۇلپەت» بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ).

6:141 **«خەلق مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلايدۇ؛ چۈنكى بۇ سۆزلەر شېرىندۇر»** — «شېرىن» بەلكىم مۇشۇ يەردە «جايىدا، ئورۇنلۇق» دېگەن مەنىدە.

مانا، ئۇستىخانلىرىمىز تەھتىسارا ئىشىكى ئالدىدا چېچىلىپ كېتىلدى؛
8 بەرھەق، كۆزلىرىم ساڭىلا تىكىلىپ قارايدۇ، پەرۋەردىگار رەببىم؛
ساڭا تايىنىمەن؛
جېنىمنى خاراب قىلىپ تاشلىۋەتمىگەيسەن.
9 ئۇلارنىڭ ماڭا سالغان قىلتىقىدىن،
قەبىھلىك قىلغۇچىلارنىڭ تۇزاقلىرىدىن مېنى ساقلىغايسەن؛
10 رەزىللەر ئۆزىنىڭ تورلىرىغا يىقىلسۇن،
مەن بولسام ــ ئۆتۈپ كېتىمەن.

## 142-كۈي
## يار-يۆلەكسىزلىكتىكى دۇئا

142 1 داۋۇت غاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋاقىتتا يازغان
«ماسقىل»: ــ

مەن پەرۋەردىگارغا ئاۋازىمنى ئاڭلىتىپ نالە-پەرياد كۆتۈرىمەن؛
پەرۋەردىگارغا ئاۋازىم بىلەن يېلىنىمەن؛
2 ئۇنىڭ ئالدىدا داد-زارلىرىمنى تۆكىمەن؛
ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىكىمنى ئېيتىمەن.
3 روھىم ئىچىمدە تۈگىشەي دەپ قالغاندا،
شۇ چاغدا باسقان يولۇمنى بىلگەنسەن؛

---

7:141 «بىرسى ئوتۇن يارغاندا يەرگە چېچىلغان يېرىندىلاردەك، مانا، ئۇستىخانلىرىمىز تەھتىسارا ئىشىكى ئالدىدا چېچىلىپ كېتىلدى» ــ ئايەتنىڭ بىرنەچچە تەرجىمىلىرى بار. ئىبرانىي تىلىدىكى نۇسخىسىدا، مۇشۇ سۆز ئىنتايىن ئىخچام بولۇپ، چۈشىنىش تەس.
7:141 ئەز. 1،11،12:37
1:142 «داۋۇت غاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋاقىتتا يازغان «ماسقىل»: ـــ....» ــ داۋۇت پەيغەمبەر سائۇل پادىشاھتىن قېچىپ، ئىككى قېتىم غاردا يوشۇرۇنغان ۋاقىتىدىكى ۋەقەلەر «تەۋرات»، «1سام.» 22- ھەم 24-بابتا يېزىلغان.

مەن ماڭغان يولدا ئۇلار ماڭا قىلتاق سالدى.
4 ئوڭ يېنىمغا قاراپ باققايسەن؛
ئەتراپىمدا مېنى تونۇيدىغان ئادەم يوقتۇر؛
پاناھگاھ يوقاپ كەتتى؛
ھېچ ئادەم جېنىمغا كۆيۈنمەيدۇ.
5 مەن ساڭا پەرياد كۆتۈردۇم، ئى پەرۋەردىگار؛
ساڭا: «سەن مېنىڭ باشپاناھىمسەن،
تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا بولغان نېسىۋەمدۇرسەن» ــ دېدىم.
6 مېنىڭ پەريادىمغا قۇلاق سالغايسەن؛
چۈنكى مەن ئىنتايىن خاراب ئەھۋالغا چۈشۈرۈلدۇم؛
مېنى قوغلىغۇچىلىرىمدىن قۇتۇلدۇرغايسەن؛
چۈنكى ئۇلار مەندىن كۈچلۈكتۇر.
7 سېنىڭ نامىڭنى تەبرىكلىشىم ئۈچۈن،
جېنىمنى تۈرمىدىن چىقارغايسەن؛
ھەققانىيلار ئەتراپىمدا ئولىشىدۇ؛
چۈنكى سەن ماڭا زور مېھرىبانلىق كۆرسىتىسەن.

## 143-كۈي
## روھىم تۈگىشەي دەپ قالدى!

143 1 داۋۇت يازغان كۈي: ــ

پەرۋەردىگار، دۇئايىمنى ئاڭلىغايسەن؛
يىلىنىشلىرىمغا قۇلاق سالغايسەن؛
ھەقىقەت-ساداقىتىڭدە ھەم ھەققانىيىتىڭدە ماڭا جاۋاب بەرگەيسەن.

---

**3:142** زەب. 3:77
**5:142** زەب. 5:16
**6:142** زەب. 2:41؛ 8:79؛ 6:116

2 ئۆز قۇلۇڭنى سوراققا تارتىشقا تۇرمىغايسەن؛
چۈنكى نەزىرىڭدە تىرىكلەرنىڭ ھېچبىرى ھەققانىي ئىسپاتلانمايدۇ.
3 چۈنكى دۈشمەن جېنىمغا زىيانكەشلىك قىلماقتا،
ئۇ ھاياتىمنى دەپسەندە قىلدى؛
مېنى خۇددى ئۆلگىلى ئۇزۇن بولغانلاردەك،
قاراڭغۇ جايلاردا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.
4 شۇڭا روھىم ئىچىمدە تۈگىشەي دەپ قالدى؛
ئىچىمدە قەلبىم سۇندى.
5 مەن قەدىمكى كۈنلەرنى ئەسلەيمەن؛
سېنىڭ بارلىق قىلغانلىرىڭ ئۈستىدە سېغىنىپ ئويلىنىمەن؛
قوللىرىڭ ئىشلىگەنلىرىنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزىمەن.
6 قوللىرىمنى ساڭا قاراپ سوزۇپ ئىنتىلىمەن؛
جېنىم چاڭقىغان زېمىندەك ساڭا تەشنادۇر.
سېلاھ.
7 ماڭا تېزدىن جاۋاب بەرگەيسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
روھىم ھالىدىن كېتىدۇ؛
دىدارىڭنى مەندىن يوشۇرمىغايسەن؛
بولمىسا مەن ھاڭغا چۈشىدىغانلاردەك بولىمەن.
8 مېھىر-مۇھەببىتىڭنى تاڭ سەھەردە ئاڭلاتقايسەن؛
چۈنكى تايانغىنىم سەن؛
مېڭىشىم كېرەك بولغان يولنى ماڭا بىلدۈرگەيسەن؛
چۈنكى جېنىم ساڭا تەلمۈرۈپ قارايدۇ؛
9 مېنى قۇتۇلدۇرغايسەن، ئى پەرۋەردىگار، دۈشمەنلىرىمدىن؛
باشپاناھ ئىزدەپ سېنىڭ يېنىڭغا قاچىمەن.
10 ئۆز ئىرادەڭگە ئەمەل قىلىشىمغا مېنى ئۆگەتكەيسەن؛

---

2:143 رىم. 3، 4؛ گال. 3، 4
5:143 زەب. 77:5-12
8:143 زەب. 25:1

چۈنكى سەن مېنىڭ خۇدايىمدۇرسەن؛
سېنىڭ مېھرىبان روھىڭ مېنى تۈپتۈز زېمىندا يېتەكلىگەي؛
[11] ئۆز نام-شۆھرىتىڭ ئۈچۈن مېنى جانلاندۇرغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛
ئۆز ھەققانىيىتىڭدە جېنىمنى ئاۋارىچىلىكتىن ئازاد قىلغايسەن.
[12] ھەم مېھىر-شەپقىتىڭدە دۈشمەنلىرىمنى ئۈزۈپ تاشلىۋەتكەيسەن؛
جېنىمنى خار قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلغايسەن؛
چۈنكى مەن سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن.

## 144-كۈي
## پادىشاھنىڭ نىجاتلىقى ـ خەلقنىڭ بەختى

144 [1] داۋۇت يازغان كۈي: ـ

قوللىرىمغا جەڭ قىلىشنى،
بارماقلىرىمغا ئۇرۇشنى ئۆگەتكەن،
مېنىڭ قورام تېشىم پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرۇلسۇن!
[2] مېنىڭ ئۆزگەرمەس شەپقىتىم ۋە مېنىڭ قورغىنىم،
مېنىڭ ئېگىز مۇنارىم ۋە نىجاتكارىم،
مېنىڭ قالقىنىم ۋە تايانغىنىم، مەن ئۇنىڭدىن ھىمايە تاپىمەن؛
ئۇ ئۆز خەلقىمنى قول ئاستىمدا بويسۇندۇرغۇچىدۇر!
[3] ئى پەرۋەردىگار، سەن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدىكەنسەن، ئادەم دېگەن زادى نېمە؟

---

**10:143** «...مېنى تۈپتۈز زېمىندا يېتەكلىگەي» ــ ياكى «... مېنى تۈز كۆڭۈللەرنىڭ زېمىندا يېتەكلىگەي»، «... مېنى دىيانەتلىك زېمىندا يېتەكلىگەي».
**12:143** زەب. 14:86-16؛ 16:116
**1:144** 2سام. 35:22؛ زەب. 34:18
**2:144** 2سام. 48:22؛ زەب. 47:18-48

ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئويلايدىكەنسەن، ئىنسان بالىسى دېگەن نېمە؟
4 ئادەم بولسا بىر نەپەستۇرلا، خالاس؛
ئۇنىڭ كۈنلىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كۆلەڭگىدۇر، خالاس.
5 ئى پەرۋەردىگار، ئاسمانلارنى ئېگىلدۈرۈپ چۈشكەيسەن؛
تاغلارغا تېگىپ ئۇلاردىن ئىس-تۈتەك چىقارغايسەن؛
6 چاقماقلارنى چاققۇزۇپ ئۇلارنى تارقىتىۋەتكەيسەن؛
ئوقلىرىڭنى ئېتىپ ئۇلارنى قىيقاس-سۈرەنگە سالغايسەن؛
7 يۇقىرىدىن قوللىرىڭنى ئۇزىتىپ،
مېنى ئازاد قىلغايسەن؛
مېنى ئۇلۇغ سۇلاردىن،
ياقا يۇرتتىكىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن چىقارغايسەن.
8 ئۇلارنىڭ ئاغزى قۇرۇق گەپ سۆزلەيدۇ،
ئوڭ قولى ئالدامچى قولدۇر.
9 ئى خۇدا، مەن ساڭا ئاتاپ يېڭى ناخشا ئېيتىمەن؛
ئونتارغا تەڭكەش بولۇپ ساڭا كۈيلەرنى ئېيتىمەن.
10 سەن پادىشاھلارغا نىجاتلىق-غەلىبە بېغىشلايسەن؛
قۇلۇڭ داۋۇتنى ئەجەللىك قىلىچتىن قۇتۇلدۇرىسەن.
11 مېنى قۇتۇلدۇرغايسەن، يات يۇرتتىكىلەرنىڭ قولىدىن ئازاد قىلغايسەن؛
ئۇلارنىڭ ئاغزى قۇرۇق گەپ سۆزلەيدۇ،
ئوڭ قولى ئالدامچى قولدۇر.

---

**3:144** ئايۇپ 17:7؛ زەب. 4:8؛ 7:31؛ ئىبر. 6:2

**4:144** ئايۇپ 9:8؛ 2:14، 3؛ زەب. 5:39-6؛ 9:62؛ 11:102؛ ياق. 14:4

**5:144** زەب. 7:18-9؛ 32:104

**6:144** 1سام. 10:7؛ 2سام. 8:22؛ زەب. 13:18-14

**8:144** **«ئوڭ قولى ئالدامچى قولدۇر»** — بەلكىم قەسەم قىلغاندا قولنى يالغاندىن كۆتۈرگەن ياكى باشقىلار بىلەن كېلىشكەندە ياڭاندىن قوللاشقان.

**9:144** **«ئونتارغا تەڭكەش بولۇپ ساڭا كۈيلەرنى ئېيتىمەن»** — «ئونتار» ئون تارلىق چىلتاردەك بىر ساز.

12 شۇنداق قىلىپ ئوغۇللىرىمىز ياشلىقىدا پۇختا يېتىلگەن
كۆچەتلەرگە ئوخشايدۇ،
قىزلىرىمىز ئوردىچە نەقىشلەنگەن تۈۋرۈكلەردەك بولىدۇ؛
13 ئاشلىق ئامبارلىرىمىز تولدۇرۇلۇپ،
تۈرلۈك-تۈرلۈك ئوزۇقلار بىلەن تەمىنلىنىدىغان،
قويلىرىمىز ئوتلاقلىرىمىزدا مىڭلاپ، تۈمەنلەپ قوزىلايدىغان؛
14 كالىلىرىمىز بوغاز بولىدىغان؛
ھېچكىم بۆسۈپ كىرمەيدىغان، ھېچكىم جەڭگە چىقمايدىغان؛
كوچىلىرىمىزدا ھېچ جېدەل-غوۋغا بولمايدىغان؛
15 ئەھۋالى شۇنداق بولغان خەلق نېمىدېگەن بەختلىكتۇر!
خۇداسى پەرۋەردىگار بولغان خەلق بەختلىكتۇر!

## 145-كۈي
## خۇدانىڭ قىلغان ئۇلۇغ ئەمەللىرىنى كېيىنكى ئەۋلادقا بايان قىلىش
## «ئېلىپبە تەرتىپلىك» كۈي

145
1 مەدھىيە: داۋۇت يازغان كۈي: —
|א| مەن سېنى مەدھىيىلەپ ئۇلۇغلايمەن، خۇدايىم، ئى
پادىشاھ؛
نامىڭغا ئەبەدىلئەبەدگىچە تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرىمەن.
2 |ב| ھەركۈنى ساڭا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرىمەن،
نامىڭغا ئەبەدىلئەبەدگىچە تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرىمەن!
3 |ג| ئۇلۇغدۇر پەرۋەردىگار، زور مەدھىيىلەرگە لايىقتۇر!
ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بولغىلى بولماس؛
4 |ד| بىر دەۋر يېڭى بىر دەۋرگە سېنىڭ قىلغانلىرىڭنى ماختايدۇ؛

---

14:144 **«كالىلىرىمىز بوغاز بولىدىغان...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلاغلىرىمىز ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرىدىغان....».
**3:145** ئايۇپ 9:5؛ زەب. 1:48؛ 4:96؛ 2:150

ئۇلار قۇدرەتلىك قىلغانلىرىڭنى جاكارلايدۇ؛
5 |ה| مەن ھەيۋىتىڭنىڭ شەرەپلىك جۇلالىقىنى،
ۋە كارامەت مۆجىزىلىرىڭنى سېغىنىپ سۆزلەيمەن؛
6 |ו|: شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قورقۇنچلۇق ئىشلىرىڭنىڭ قۇدرىتىنى بايان
قىلىدۇ؛
مەنمۇ ئۇلۇغ ئەمەللىرىڭنى جاكارلايمەن!
7 |ז| ئۇلار زور مېھرىبانلىقىڭنى ئەسلەپ، ئۇنى مۇبارەكلەپ تارقىتىدۇ،
ھەققانىيلىقىڭ توغرۇلۇق يۇقىرى ئاۋازدا كۈيلەيدۇ.
8 |ח| پەرۋەردىگار مېھىر-شەپقەتلىك ھەم رەھىمدىلدۇر؛
ئاسان غەزەپلەنمەيدۇ، ئۇ زور مېھىر-مۇھەببەتلىكتۇر؛
9 |ט| پەرۋەردىگار ھەممىگە مېھرىباندۇر؛
ئۇنىڭ رەھىمدىللىقلىرى بارچە ياراتقانلىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر؛
10 |י| سېنىڭ بارلىق ياسىغانلىرىڭ سېنى مەدھىيىلەيدۇ، ئى پەرۋەردىگار،
سېنىڭ مۆمىن بەندىلىرىڭ ساڭا تەشەككۈر-مەدھىيە قايتۇرىدۇ.
11 |כ| ئۇلار پادىشاھلىقىڭنىڭ شەرىپىدىن خەۋەر يەتكۈزىدۇ،
كۈچ-قۇدرىتىڭنى سۆزلەيدۇ؛
12 |ל| شۇنداق قىلىپ ئىنسان بالىلىرىغا قۇدرەتلىك ئىشلىرىڭ،
پادىشاھلىقىڭنىڭ شەرەپلىك ھەيۋىسى ئايان قىلىنىدۇ.
13 |מ| سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ ئەبەدىي پادىشاھلىقتۇر،
سەلتەنىتىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچىدۇر.
14 |ס| پەرۋەردىگار يىقىلاي دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆلەيدۇ،
ئېگىلىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرغۇزىدۇ.

**4:145** قان. 9:4؛ 7:6

**7:145** زەب. 119:171-172

**8:145** مىس. 34:6، 7؛ چۆل. 14:18؛ زەب. 86:15؛ 103:8

13:145 **«ئىزاھات»** ــ يېقىندا بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردىن 13- ۋە 14-ئايەتنىڭ ئارىلىقىدا: ــ —«נ پەرۋەردىگار ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدۇ؛ بارلىق ياراتقانلىرىغا مېھرىباندۇر» دېگەن مەزمۇن بولغان يەنە بىر نۇسخىسى تېپىلغان (ئىبرانيي تىلىدا «نۇن» بىلەن باشلىنىدۇ).

15 |ע| ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى ساڭا تىكىلىپ كۈتىدۇ؛
ئۇلارغا ئۆز ۋاقتىدا رىزقىنى تەقسىم قىلىپ بېرىسەن؛
16 |פ| قولۇڭنى ئېچىشىڭ بىلەنلا،
بارلىق جان ئىگىلىرىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرىسەن.
17 |צ| پەرۋەردىگار بارلىق يوللىرىدا ھەققانىيدۇر،
ياسىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە مۇھەببەتلىكتۇر.
18 |ק| پەرۋەردىگار ئۆزىگە نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە يېقىندۇر،
ئۆزىگە ھەقىقەتتە نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە يېقىندۇر؛
19 |ר| ئۇ ئۆزىدىن ئەيمىنىدىغانلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛
ئۇلارنىڭ پەريادىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ.
20 |ש| پەرۋەردىگار ئۆزىنى سۆيگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر ئالىدۇ؛
رەزىللەرنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىدۇ.
21 |ת| ئاغزىم پەرۋەردىگارنىڭ مەدھىيىسىنى ئېيتىدۇ؛
بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئەبەدىلئەبەد ئۇنىڭ مۇقەددەس نامىغا تەشەككۇر-مەدھىيە قايتۇرغاي!

## 146-كۈي
## خۇدا مەدھىيىلەنسۇن!

146 1 ھەمدۇسانا!
ئى جېنىم، پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلە!
2 مەن ھايات بولسىلا، پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەيمەن؛
ۋۇجۇدۇم بار بولسىلا خۇدايىمغا كۈي ئېيتىمەن.
3 ئېسىلزادىلەرگىمۇ،
ئىنسان بالىسىغىمۇ تايانماڭلار،
ئۇلاردا ھېچ مەدەت-نىجاتلىق يوقتۇر.

---

**15:145** زەب. 27:104
**3:146** زەب. 8:118، 9

4 مانا، ئۇنىڭ نەپسى كېتىدۇ،
ئۇ ئۆز تۇپرىقىغا قايتىپ كېتىدۇ؛
شۇ كۈندىلا ئارزۇ-نىيەتلىرى يوقاپ كېتىدۇ.
5 ياقۇپنىڭ تەڭرىسى مەدەتكارى بولغان ئادەم،
پەرۋەردىگار خۇداسىنى ئۆز ئۈمىدى قىلغان ئادەم بەختلىكتۇر!
6 ئۇ ئاسمانلارنى، زېمىننى،
دېڭىزنى ھەم ئۇنىڭدا بار مەۋجۇداتلارنى ياراتقاندۇر؛
ئۇ ھەقىقەت-ساداقەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ؛
7 ئېزىلگۈچىلەر ئۈچۈن ئۇ ھۆكۈم سۈرىدۇ؛
ئاچ قالغانلارغا نان بېرىدۇ.
پەرۋەردىگار مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىدۇ؛
8 پەرۋەردىگار كورلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچىدۇ؛
پەرۋەردىگار ئېگىلىپ قالغانلارنى تۇرغۇزىدۇ؛
پەرۋەردىگار ھەققانىيلارنى سۆيىدۇ.
9 پەرۋەردىگار مۇساپىرلاردىن خەۋەر ئالىدۇ؛
يېتىم-يېسىرلەرنى، تۇل خوتۇننى يۆلەيدۇ؛
بىراق رەزىللەرنىڭ يولىنى ئەگرى-بوگرى قىلىدۇ.
10 پەرۋەردىگار مەڭگۈگە ھۆكۈم سۈرىدۇ؛
ئى زىئون، سېنىڭ خۇدايىڭ دەۋردىن-دەۋرگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ!
ھەمدۇسانا!

---

4:146 **«ئۇ ئۆز تۇپرىقىغا قايتىپ كېتىدۇ»** — ئىبرانىي تىلدا: «ئادەم» ھەم «تۇپراق، توپا» بىر سۆزدۇر.

**8:146** زەب. 14:145؛ 3:147؛ مات. 30:9؛ لۇقا 13:13؛ يـۇھ. 7،32:9

**10:146** مىس. 18:15؛ زەب. 13:145

# 147-كۈي

## ھەممىگە قادىر خۇداغا ھەمدۇسانالار ئېيتىلسۇن!

147 1 ھەمدۇسانا! ياھنى مەدھىيىلەڭلار!
بەرھەق، بۇنداق قىلىش شېرىندۇر؛
خۇدايىمىزنى كۈيلەڭلار!
مەدھىيە ئوقۇش ئىنسانغا يارىشىدۇ.
2 پەرۋەردىگار يېرۇسالېمنى بىنا قىلماقتا؛
ئىسرائىلنىڭ سۈرگۈن قىلىنغانلىرىنى ئۇ يىغىپ كېلىدۇ؛
3 ئۇ كۆڭلى سۇنۇقلارنى داۋالايدۇ؛ ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تاڭىدۇ.
4 ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ سانىنى سانايدۇ؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر-بىرلەپ ئىسىم قويىدۇ.
5 ئۇلۇغدۇر رەببىمىز، زور قۇدرەتلىكتۇر؛
ئۇنىڭ چۈشىنىشى چەكسىزدۇر.
6 پەرۋەردىگار ياۋاش مۆمىنلەرنى يۆلەپ كۆتۈرىدۇ؛
رەزىللەرنى يەرگىچە تۆۋەن قىلىدۇ.
7 پەرۋەردىگارغا تەشەككۈرلەر بىلەن ناخشا ئېيتىڭلار؛
كۈيلەرنى چىلتارغا تەڭشەپ ئېيتىڭلار!
8 ئۇ ئاسماننى بۇلۇتلار بىلەن قاپلىتىدۇ،
زېمىنغا يامغۇرنى بېكىتىدۇ،
تاغلاردا ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈرىدۇ؛

---

**1:147** زەب. 1:33؛ 2:92؛ 3:135

2:147 **«پەرۋەردىگار يېرۇسالېمنى بىنا قىلماقتا؛ ئىسرائىلنىڭ سۈرگۈن قىلىنغانلىرىنى ئۇ يىغىپ كېلىدۇ»** ــ بۇ ئايەتكە قارىغاندا، مۇشۇ كۈي ئىسرائىل بابىلغا سۈرگۈن بولغانلىقىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىلغان.

**3:147** مىس. 26:15؛ ئايۇپ 18:5

4:147 **«ئۇ... ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر-بىرلەپ ئىسىم قويىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ... ئۇلارنى (يۇلتۇزلارنى) ئىسمىلىرىنى چاقىرىپ ئويۇققا چىقىرىدۇ».

**4:147** يەش. 26:40

**8:147** ئايۇپ 26:38، 27؛ زەب. 104:13-14؛ ھوش. 2:23، 24

9 مالللارغا ئوزۇق،
تاغ قاغىسىنىڭ چۈجىلىرى زارلىغاندا، ئۇلارغا ئوزۇق بېرىدۇ؛
10 ئات كۈچىدىن ئۇ زوق ئالمايدۇ؛
ئادەمنىڭ چەبدەس پۇتلىرىنى خۇرسەنلىك دەپ بىلمەيدۇ؛
11 پەرۋەردىگار بەلكى ئۆزىدىن ئەيمىنىدىغانلارنى،
ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىگە ئۈمىد باغلىغانلارنى خۇرسەنلىك
دەپ بىلىدۇ.
12 پەرۋەردىگارنى ماختاڭلار، ئى يېرۇسالېم؛
خۇدايىڭنى مەدھىيىلە، ئى زىئون.
13 چۈنكى ئۇ دەرۋازىلىرىڭنىڭ تاقاقلىرىنى مەھكەم قىلىدۇ؛
سېنىڭدە تۇرۇۋاتقان پەرزەنتلىرىڭگە بەخت-بەرىكەت بەردى.
14 ئۇ چەت-چېگرالىرىڭدا ئارام-تىنچلىق يۈرگۈزىدۇ،
سېنى بۇغدايىنىڭ ئېسىلى بىلەن قانائەتلەندۈرىدۇ.
15 ئۇ ئۆز ئەمر-بېشارەتلىرىنى يەر يۈزىگە ئەۋەتىدۇ؛
ئۇنىڭ سۆز-كالامى ئىنتايىن تېز يۈگۈرىدۇ.
16 ئۇ ئاق قارنى يۇڭدەك بېرىدۇ،
قىراۋنى كۈللەردەك تارقىتىدۇ.
17 ئۇنىڭ مۇزىنى نان ئۇۋاقلىرىدەك قىلىپ پارچىلىۋېتىدۇ؛
ئۇنىڭ سوغۇقى ئالدىدا كىم تۇرالىسۇن؟
18 ئۇ سۆزىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئېرىتىدۇ؛
ئۇنىڭ شامىلىنى چىقىرىپ، سۇلارنى ئاققۇزىدۇ.
19 ئۇ ئۆز سۆز-كالامىنى ياقۇپقا،
بەلگىلىمىلىرىنى ھەم ھۆكۈملىرىنى ئىسرائىلغا ئايان قىلىدۇ؛
20 ئۇ باشقا ھېچبىر ئەلگە مۇنداق مۇئامىلە قىلمىغاندۇر؛
ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى بولسا، ئۇلار بىلىپ باققان ئەمەس.
ھەمدۇسانا!

---

**15:147** زەب. 9:33
**20:147** روس. 16:14

## 148-كۈي

## پۈتكۈل ئالەم، پەرۋەردىگارنى ئۇلۇغلاڭلار!

148
1 ھەمدۇسانا!
پەرۋەردىگارنى ئاسمانلاردىن مەدھىيىلەڭلار؛
يۇقىرى جايلاردا ئۇنى مەدھىيىلەڭلار؛
2 ئۇنى مەدھىيىلەڭلار، بارلىق پەرىشتىلىرى؛
ئۇنى مەدھىيىلەڭلار، بارلىق قوشۇنلىرى!
3 ئۇنى مەدھىيىلەڭلار، ئى قۇياش ھەم ئاي،
ئۇنى مەدھىيىلەڭلار، ھەممە پارلاق يۇلتۇزلار؛
4 ئۇنى مەدھىيىلەڭلار، ئاسمانلارنىڭ ئاسمانلىرى،
ئاسماندىن يۇقىرى جايلاشقان سۇلار!
5 بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى مەدھىيىلىسۇن؛
چۈنكى ئۇ بۇيرۇغان ھامان، ئۇلار يارىتىلغاندۇر؛
6 ئۇ ئۇلارنى ئەبەدىلئەبەدگىچە تۇرغۇزدى؛
ئۇلار ئۆتۈپ كەتمەيدىغان بەلگىلىمىنى بۇيرۇغان.
7 پەرۋەردىگارنى زېمىندىن مەدھىيىلەڭلار،
دېڭىزدىكى بارلىق ئەجدىھالار، دېڭىزنىڭ بارلىق تەگلىرى؛
8 ئوت، مۆلدۈر، قار، تۇمان،
ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىدىغان جۇدۇنلۇق شامال؛
9 تاغلار ھەم بارلىق دۆڭلەر،
مېۋىلىك دەرەخلەر، بارلىق كېدىر دەرەخلىرى،
10 ياۋايى ھايۋانلار، بارلىق مال-ۋارانلار،
ئۆمىلىگۈچىلەر ھەم ئۇچار-قاناتلار؛
11 جاھان پادىشاھلىرى ۋە بارلىق قوۋملار،
ئەمىرلەر ھەم يەر يۈزىدىكى بارلىق ھاكىم-سوتچىلار؛

---

**1:148** لۇقا 2:14؛ ۋەھ. 13:5

**5:148** يار. 1:1-31؛ زەب. 6:33، 9

**6:148** ئايۇپ 5،13:14؛ 10:26؛ 33:38؛ زەب. 5:104؛ 91:119؛ يەر. 35:31؛ 25:33

12 ھەم يىگىتلەر ھەم قىزلار،
بوۋايلار ۋە ياشلار، ــ
13 ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى مەدھىيىلىسۇن؛
چۈنكى پەقەتلا ئۇنىڭ نامى ئالىيدۇر؛
ئۇنىڭ ھەيۋىتى يەر ھەم ئاسماندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.
14 ھەم ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ مۈڭگۈزىنى،
يەنى بارلىق مۆمىن بەندىلىرىنىڭ مەدھىيىسىنى ئېگىز كۆتۈرگۈزگەن؛
ئۇلار ئىسرائىل بالىلىرى،
ئۆزىگە يېقىن بىر خەلقتۇر!
ھەمدۇسانا!

## 149-كۈي
## قىيامەت كۈندىكى غەلىبە ئۈچۈن مەدھىيىلەڭلار!

149 1 ھەمدۇسانا!
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ يېڭى بىر ناخشىنى ئوقۇڭلار؛
مۆمىن بەندىلەرنىڭ جامائىتىدە ئۇنىڭ مەدھىيىسىنى ئېيتىڭلار!
2 ئىسرائىل ئۆز ياراتقۇچىسىدىن شادلانسۇن؛
زىئون ئوغۇللىرى ئۆز پادىشاھىدىن خۇش بولغاي!
3 ئۇلار ئۇنىڭ نامىنى ئۇسسۇل بىلەن مەدھىيىلىسۇن؛

**13:148** پەند. 10:18؛ يەش. 4:12
**14:148** «ئۆز خەلقىنىڭ مۈڭگۈزىنى، يەنى بارلىق مۆمىن بەندىلىرىنىڭ مەدھىيىسى...» ــ تەۋراتتا «مۈڭگۈز» ئادەتتە ئادەمنىڭ نام-شۆھرىتى ياكى ھوقۇقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتە ئۇ ئىسرائىلنىڭ خۇداغا بولغان مەدھىيىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتىكى «كۆتۈرۈش» ئادەمنىڭ قولى بىلەن كۆتۈرۈش ئەمەس، بەلكى خۇدا ئۇلارنىڭ مەدھىيە ئاۋازلىرىنى كۆتۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ.
**14:148** زەب. 17:132
**2:149** زەب. 3:100

**ئۇنىڭغا كۈيلەرنى داپ ھەم چىلتارغا تەڭشەپ ئېيتسۇن!**
**4 چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىدىن سۆيۈنەر؛**
**ئۇ ياۋاش مۆمىنلەرنى نىجاتلىق بىلەن بېزەيدۇ؛**
**5 ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلىرى شان-شەرەپتە روھلىنىپ شاد بولغاي،**
**ئورۇنلىرىدا يېتىپ شاد ئاۋازنى ياڭراتقاي!**
**6 ئاغزىدا تەڭرىگە يۈكسەك مەدھىيىلىرى بولسۇن،**
**قوللىرىدا قوش بىسلىق قىلىچ تۇتۇلسۇن؛**
**7 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەللەر ئۈستىدىن قىساس،**
**خەلقلەرگە جازا بەجا يۈرگۈزىدۇ؛**
**8 ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىنى زەنجىرلەر بىلەن،**
**ئاقسۆڭەكلىرىنى تۆمۈر كىشەنلىرى بىلەن باغلايدۇ؛**
**9 ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پۈتۈلگەن ھۆكۈمنى بەجا كەلتۈرىدۇ ــ**
**ئۇنىڭ بارلىق مۆمىن بەندىلىرى مۇشۇ شەرەپكە نېسىپ بولىدۇ!**
**ھەمدۇسانا!**

---

**3:149** زەب. 81:2-4

**5:149** **«ئورۇنلىرىدا يېتىپ شاد ئاۋازنى ياڭراتقاي!»** ــ «ورۇنلىرىدا يېتىش» بەلكىم: ــ (1) يەھۇدىيلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە، زىياپەتلەردە مېھمانلار ئۇچۇن كۆرپىلەر سېلىنىپ، مېھمانلار يېنىچلاپ يېتىپ داستىخاندىن ئالىدۇ؛ شۇڭا مۇشۇ يەردە خۇشاللىق زىياپەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) مۆمىن بەندىلەر شۇنچە خۇشال بولۇپ، خۇشاللىقىدىن ئۇخلىيالمايدۇ؛ (3) ئۆزلىرىنىڭ ئامان-ئېسەن يېتىپ-قوپۇشلىرى ئۇچۇن شادلىنىشى كېرەك.

**6:149** 2تېس. 2:8؛ ئىبر. 4:12؛ ۋەھ. 1:16

**8:149** مات. 18:18

**9:149** قان. 4:6

# 150-كۈي
## ئاخىردا ـ پەقەت ھەمدۇسانا!

150
1 ھەمدۇسانا!
تەڭرىنى ئۇنىڭ مۇقەددەس جايىدا مەدھىيىلەڭلار؛
قۇدرىتى پارلاپ تۇرىدىغان ئەرشلەردە ئۇنى مەدھىيىلەڭلار؛
2 ئۇنى قۇدرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن مەدھىيىلەڭلار؛
غايەت ئۇلۇغلۇقى ئۈچۈن ئۇنى مەدھىيىلەڭلار؛
3 ئۇنى بۇرغا ساداسى بىلەن مەدھىيىلەڭلار؛
ئۇنى راۋاب ھەم چىلتار بىلەن مەدھىيىلەڭلار؛
4 ئۇنى داپ ھەم ئۇسسۇل بىلەن مەدھىيىلەڭلار؛
ئۇنى تارلىق سازلار ھەم نەي بىلەن مەدھىيىلەڭلار؛
5 ئۇنى جاراڭلىق جاڭلار ھەم ياڭراق جاڭلار بىلەن مەدھىيىلەڭلار؛
6 بارلىق نەپەس ئىگىلىرى ياھنى مەدھىيىلىسۇن!
ھەمدۇسانا!

---

1:150 يەش. 3:6

# قوشۇمچە سۆز

## زەبۇردىكى «ئىنتىقام تىلەكلىرى» توغرۇلۇق: —

ئوقۇرمەنلەر مەسىھ ئەيسانىڭ ئىنتىقام ھەم كەچۈرۈم توغرۇلۇق تەلىمىنىڭ ئىنجىلدا خاتىرىلەنگىنىنى ئوقۇغان بولسا، زەبۇردىكى بەزى كۈيلەردە خۇدانىڭ ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشىنى تىلىگەن دۇئا-تىلاۋەتلەرنى كۆرۈپ، سەل ھەيران بولۇشى مۇمكىن (مەسىلەن، 10:5، 15:10، 10:58، بولۇپمۇ 109-كۈي، 137:7-9). بىر شۇنى تەكىتلەيمىزكى، زەبۇردىكى بارلىق دۇئا-تىلاۋەتلەرنى خۇدا قوبۇل قىلغان، شۇڭداقلا ئىجابەت قىلغاندىن كېيىن خاتىرىلەنگەندۇر، دەپ ئىشىنىمىز؛ ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشنى تىلەپ ئېيتىلغان بۇنداق دۇئالار ئادىل بولغىنى بىلەن («باشقىلارنىڭ ماڭا قىلغىنى ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ چۈشسۇن» دېگەندەك)، ھازىرقى ئىنجىل دەۋرىدە، يەنى «يېڭى ئەھدە» دەۋرىدە بولسا ئۇلارنى مەسىھ ئەيسانىڭ تەلىملىرى بىلەن تارازىغا سېلىش كېرەك؛ يەنى: -

(1) بىز خۇدادىن باشقىلارنى قانداق ئۆلچەمدە «سوت قىلىشنى» تەلەپ قىلغان بولساق، خۇدامۇ دەل شۇنداق ئۆلچەم بويىچە بىزنىمۇ سوت قىلىدۇ؛

(2) بىزگە گۇناھ قىلغانلارنى كەچۈرۈم قىلمىساق، خۇدامۇ بىزنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ.

(3) شۇ «گۇناھ قىلغان» كىشىلەردە توۋا بولمىسا، زەبۇردىكى ئىنتىقام ئېلىشقا بولغان پەريادلار ئاخىرىغا بېرىپ خۇدانىڭ جاۋابىغا ئېرىشىدۇ؛ خۇدانىڭ كەچۈرۈمى رەت قىلىنسا، ئۇنىڭ ئادىل جازاسىنى تارتىشتىن باشقا ئىش قالمايدۇ.

## تەۋرات 20-قىسىم

# «پەند-نەسىھەتلەر»

## سۇلايمان پادىشاھنىڭ (ۋە باشقىلارنىڭ) ھېكمەتلىك سۆزلىرى

### كىرىش سۆز

ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى داۋۇت پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكۆندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. شۇ كۈنلەردە پەرۋەردىگار ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا: «سەن نېمىنى خالىساڭ، مەندىن شۇنى تىلە، مەن ساڭا بېرىمەن» - دېدى. بۇ ۋەقە تەۋراتتىكى «پادىشاھلار (1)» قىسمى، 3-باب، 5-14-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن. سۇلايمان پەرۋەردىگاردىن خەلقىنى ئىدارە قىلىشقا ئەقىل-پاراسەت سوراپ: «ئۆز قۇلۇڭغا خەلقىڭنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىشتا ياخشى-ياماننى پەرق ئېتەلەيدىغان ئويغاق بىر قەلبنى بەرگەيسەن؛ بولمىسا، كىم بۇ بۈيۈك خەلقىڭنىڭ ئۈستىدىن توغرا ھۆكۈم چىقىرالىسۇن؟» دەپ دۇئا قىلدى.

«پەند-نەسىھەتلەر» دېگەن بۇ كىتاب، شۈبھىسىزكى، خۇدا سۇلايماننىڭ ئاشۇ دۇئاسىغا قايتۇرغان جاۋابىنىڭ بىر قىسمىدۇر. كىتابتىكى نەسىھەتلەر ئەمەلىيەتتە ۋە رېئاللىقتا يۈزلەنگەن بولۇپ، ھەممە كىشىنى، مەيلى باي ياكى مىسكىن بولسۇن كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى ھەققانىي، ئادالەتلىك ۋە مېھرىبانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا چاقىرىدۇ. شۇڭا «پەند-نەسىھەتلەر» دېگەن بۇ كىتاب خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۆز خەلقى بولغان يەھۇدىيلارغا تاپشۇرغان «مۇقەددەس قانۇن»نىڭ بىر تولۇقلىمىسىدۇر. كىتابتىكى نۇرغۇن دەۋەتلەر خەلقلەرگە «مۇقەددەس

قانۇن»دا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئالاھىدە ۋەدىلەرنى ئەسلىتىدۇ، يەنى پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ بەختلىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خۇدانىڭ مۇقەددەس قانۇنىدا خاتىرىلەنگەن ئەھدىگە ئاساسەن، خۇدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قوۋمى بولغان يەھۇدىيلارغا ئىلتىپات قىلغان بۇ بەختلەر مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىتابتا گۇناھلارنىڭ ھالاكەتلىرى ھەر تەرەپتىن كۆرسىتىلىدۇ. كىتابتا پەقەت گۇناھلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە خۇدا تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ھۆكۈم قىلىنىدىغان ھالاكىتىلا ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنياغىمۇ تەۋە بولغان سالامەتلىكىمىزگە، ئائىلىمىزدىكى تۇرمۇشقا، دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىزگە ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتكە بولغان قورقۇنچلۇق تەسىرلىرى بايان قىلىنىدۇ. گۇناھنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنىڭ جان تومۇرىغا، يەنى ئۆزئارا ئىشەنچكە بولغان تەسىرلىرى كۆرسىتىلىدۇ. كىتابتا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خەلقى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرۇلۇق يېزىلغانلىرى ئاز. سۇلايمان بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۆزىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەت-ھوقۇقىنى كۆزلەپ، خەلقىنىڭ كۆزىنى بويىماقچى ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ: «پادىشاھنىڭ كۆڭلى پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىدۇر، پەرۋەردىگار قەيەرگە توغرىلىسا، شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ» دەيدۇ (21-باب، 1-ئايەت).

كىتابنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ھەيران قالارلىق يەرلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئىنسانىيەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. كىتابتا بۇ ئىككى خىل ئادەملەر ھەرخىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. دانالار ۋە نادان-ئەخمەقلەر (ياكى ساددىلار)، تەكەببۇرلار ۋە كىچىك پېئىللار، سادىق-سەممىيلەر ۋە يالغانچىلار، ئىشچانلار ۋە ھورۇنلار، بولۇپمۇ ھەققانىيلار ۋە رەزىللەرگە بۆلىنىدۇ. بىز قايسى خىلدىكىلەرگە تەۋە؟ مەزكۇر كىتاب بىزگە نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللارنى بېرىپ: «قايسى خىلدىكى كىشىمەن؟» دېگەن سوئالىمىزغا جاۋاب تېپىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، بىزگە تۈزىتىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى، بىزنى ئۆزىنىڭ تەييارلىغان زىياپىتىگە تەكلىپ قىلغان «دانالىق» دېگەن كىشىنىڭ سۆزىگە مەرھەمەت قىلىدۇ. ئۇ بىزگە:

دانالىق ئادەمنىڭ بالىسىدىن ئەمەس (مەيلى قانچە مۇھىم ئەرباب ياكى ھوقۇقدار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر)، بەلكى «پەرۋەردىگاردىنلا قورقۇش دانالىقنىڭ باشلىنىشىدۇر» ــ دەپ دەۋەت قىلىدۇ. ئۆز-ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە تايانماسلىق كېرەك، پەقەت پەرۋەردىگارغىلا تايىنىش كېرەك: «ئۆز ئەقلىڭگە تايانماي، پەرۋەردىگارغا چىن دىلىڭ بىلەن تايانغىن» (3-باب، 5-ئايەت).

ھەربىر ئىنسان بالىسىغا مۇناسىپ ئىنتايىن قىممەتلىك ۋەدە بېرىلگەنكى، كىمكى دانالىقنى كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىسە، ئەمەلىيەتتە ئاخىرىدا خۇدانىڭ ئۆزىنى تونۇغان بولىدۇ:

«ئەگەردە دانالىققا قۇلاق سالساڭ،
– ئەگەر يورۇقلۇققا ئىرىشىشكە كۆڭۈل بەرسەڭ،
– ئەگەر ئەقىل-پاراسەتكە تەشنا بولۇپ ئىلتىجا قىلساڭ،
– ئەگەر يورۇقلۇققا ئىرىشىش ئۈچۈن دۇئايىڭدا ئاۋازىڭ يۇقىرى يېلىنساڭ،
– ئەگەر كۈمۈشكە ئىنتىلگەندەك ئىنتىلسەڭ،
– ئەگەر يوشۇرۇن گۆھەرنى ئىزدىگەندەك ئىزدەنسەڭ،
ئۇنداقتا پەرۋەردىگاردىن ھەقىقىي قورقۇشنى بىلىسەن،
ۋە ساڭا خۇدانى تونۇش نېسىپ بولىدۇ» (2-باب، 2-5-ئايەت).

دانالىق ۋە ھەقىقىي بىلىم خۇدادىن كەلگىنىدەك، شۈبھىسىزكى ھەققانىيەتمۇ پەقەت ئۇنىڭدىنلا كەلگەندۇر. ھابىككۇك دېگەن يەنە بىر پەيغەمبەر دېگەندەك: «ھەققانىي كىشى خۇداغا تايىنىش ئارقىلىق ياشايدۇ».

بۇ ھەقىقەتلەرنى سۇلايمان ئۆز ئاتىسى داۋۇت پەيغەمبەردىن ئۆگەنگەن. كىتابنىڭ كۆپ قىسمى بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرى 960-يىللاردا يېزىلغان.

## پەند-نەسىھەتلەردىكى «ھېكمەتلىك سۆزلەر»نىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى

ئوقۇرمەنلەر «پەند-نەسىھەتلەر»دىكى «ھېكمەتلىك سۆزلەر»نىڭ كۆپ قىسمىنىڭ «ئىككى قۇرلۇق» شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بايقىيالايدۇ. شۇ قۇرۇلمىدا بەزىدە بىر ھەقىقەت ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان يەنە بىر ھەقىقەت بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ؛ بەزىدە بىر ھەقىقەت ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر ھەقىقەت بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا مەنىسىنى كېڭەيتىدىغان باشقا بىر ھەقىقەت قوشۇلىدۇ؛ بەزىدە مەلۇم ھەقىقەت (ئۆيغۇرلارنىڭ ماقال-تەمسىللىرىدەك) ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپىنقلاشتۇرۇلىدۇ ياكى تەكىتلىنىدۇ.

مەسىلەن، (1) «ئەكسىچە بولغان ھەقىقەت بىلەن سېلىشتۇرۇش»:

«دانا ئوغۇل ئاتىسىنى شاد قىلار؛
ئەقىلسىز ئوغۇل ئانىسىنى قايغۇ-ھەسرەتكە سالار» (1:10)

«ئۆچمەنلىك جېدەل قوزغار؛
مېھىر-مۇھەببەت ھەممە گۇناھلارنى ياپار» (12:10)

(2) بىر ھەقىقەتنى ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر ھەقىقەت بىلەن سېلىشتۇرۇش ياكى ئۇنىڭ مەنىسىنى كېڭەيتىش:

«پەرۋەردىگارنىڭ ئاتا قىلغان بەرىكىتى ئادەمنى دۆلەتمەن قىلار؛
ئۇ بەرىكەتكە ھېچبىر جاپا-مۇشەققەت قوشماس» (22:10)

«ھەققانىيلىق چىقارغان مېۋىسى «ھاياتلىق دەرىخى»دۇر؛
كىم دانا بولسا، باشقىلارنى قۇتقۇلۇش يولىغا قايتۇرار» (30:11)

(3) بىر ھەقىقەتنى ئوخشىتىش ئارقىلىق ئېنىقلاش ياكى تەكىتلەش:

«ئادەم ئاچچىق سۇ يۇتۇۋالغاندەك،
كۆزگە ئىس-تۈتەك كىرىپ كەتكەندەك،
ھۇرۇن ئادەمنى ئىشلەتكەنمۇ شۇنداق بولار» (26:10)

«چىرايلىق ئەمما تېتىقسىز خوتۇن،
چوشقىنىڭ تۇمشۇقىغا ئالتۇن ھالقا سالغاندەكتۇر» (22:11)

«نازاكەتلىك ئايال ئىززەت-ھۆرمەتنى قولدىن بەرمەس؛
زوراۋانلار بايلىقنى قولدىن بەرمەس» (16:11)

دېمىسەكمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال-تەمسىللىرىگە ئوخشاش، شۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىككى بۆلىكىنىڭ (بەزىدە ئۈچ بۆلىكىنىڭ) بىر-بىرىگە قانداق باغلانغانلىقىنى ئىزدەپ چۈشىنىش كېرەك.

## مەزمۇن: -

(ئا) دانالىقنىڭ ئىنسانلارغا بولغان خىتابى؛ سۇلايماننىڭ خۇدانى تونۇغان ئاتىسىنىڭ سۆزىنىڭ قىممىتى؛ شەيتاننىڭ ئىنسانغا قويىدىغان تۇزاقلىرى؛ بۇ دۇنياغا قانداق يۈزلىنىش (1-9-باب)

(ئە) سۇلايماننىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى (10-29-باب)

(ب) ئاگۇرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى (30-باب)

(پ) لېمۇئېلنىڭ ئانىسىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى – پەزىلەتلىك ئايال (31-باب)

# پەند-نەسىھەتلەر

## پەند-نەسىھەتلەرنىڭ قەدىر-قىممىتى

1 [1]ئىسرائىل پادىشاھى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ پەند-
نەسىھەتلىرى: ــ
[2]بۇ پەند-نەسىھەتلەر ساڭا ئەقىل-پاراسەت، ئەدەپ-ئەخلاقنى
ئۆگىتىپ، سېنى ئىبرەتلىك سۆزلەرنى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ؛ [3]ساڭا
دانالىق، ھەققانىيلىق، پەم-پاراسەت ۋە دۇرۇسلۇقنىڭ يولىيورۇق-
تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ. [4]بۇ پەند-نەسىھەتلەر نادانلارنى
زېرەك قىلىپ، ياشلارنى بىلىملىك ۋە سەزگۈر قىلىدۇ؛ [5]بۇلارغا قۇلاق
سېلىشى بىلەن دانالار بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ، يورۇتۇلغان كىشىلەر
تېخىمۇ دانا مەسلىھەتكە ئېرىشىدۇ، [6]شۇنداقلا پەند-نەسىھەتلەر
ھەم تەمسىللەرنىڭ مەنىسىنى، دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىرى ھەم
تىلسىم سۆزلىرىنى چۈشىنىدىغان قىلىنىدۇ.

## ياشلارغا نەسىھەت

[7]پەرۋەردىگاردىن قورقۇش بىلىمنىڭ باشلىنىشىدۇر؛
ئەخمەقلەر دانالىقنى ۋە تەربىيىنى كۆزگە ئىلمايدۇ.
[8]ئى ئوغلۇم، ئاتاڭنىڭ تەربىيىسىگە قۇلاق سال، ئاناڭنىڭ سۆز-
نەسىھەتىدىن ئايرىلما؛ [9]چۈنكى ئۇلار سېنىڭ بېشىڭغا تاقالغان گۈل
چەمبىرەك، بوينۇڭغا ئېسىلغان مارجان بولىدۇ.
[10]ئى ئوغلۇم، يامانلار سېنى ئازدۇرسا، ئۇلارغا ئەگەشمىگىن.

---

**1:1** 1پاد. 4:32؛ ۋەھ. 9:3

**5:1** «**يورۇتۇلغان كىشى**» ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىشلارنى، مەسىلىلەرنى، باشقا ئادەمنى ئوبدان چۈشىنىدىغان كىشى» دېگەن مەنىدە.

**7:1** ئايۇپ 28:28؛ زەب. 10:111؛ پەند. 10:9؛ توپ. 13:12

11 ئەگەر ئۇلار: ــ يۈر، تۇزاق قۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرەيلى؛
يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بىرەر بىگۇناھ كەلگەندە ئۇرايلى!
12 تەھتىسارادەك ئۇلارنى يۇتۇۋېتەيلى،
ساق بولسىمۇ، ھاڭغا چۈشكەنلەردەك ئۇلارنى يىقىتايلى؛
13 ئۇلاردىن خىلمۇخىل قىممەتلىك مال-دۇنياغا ئىگە بولۇپ،
ئۆيلىرىمىزنى ئولجا بىلەن تولدۇرىمىز.
14 بىز بىلەن شېرىك بول،
ھەمىيانىمىز بىر بولسۇن، دېسە، ــ
15 ئى ئوغلۇم، ئۇلارغا يولداش بولما،
ئۆزۈڭنى ئۇلارنىڭ ئىزىدىن نېرى قىل!
16 چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇتلىرى رەزىللىككە يۈگۈرىدۇ،
قولىنى قان قىلىش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ.
17 ھەرقانداق ئۇچار قانات تۇيۇپ قالغاندا تۇزاق قويۇش بىكار ئاۋارىچىلىكتۇر؛
18 لېكىن بۇلار دەل ئۆز قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈن ساقلايدۇ؛
ئۆز جانلىرىغا زامىن بولۇشنى كۈتىدۇ.
19 نەپسى يوغىناپ كەتكەن ھەربىر ئادەمنىڭ يوللىرىنىڭ ئاقىۋىتى مانا شۇنداق؛
ھارام مال-دۇنيا ئۆز ئىگىلىرىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

---

11:1 **«... تۇزاق قۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرەيلى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «... تۇزاق قۇرۇپ قان تۆكەيلى»
12:1 **«تەھتىسارا»** ــ ئۆلگۈچىلەرنىڭ روھلىرى قىيامەت كۈنىنى كۈتىدىغان جاي (ئىبرانىي تىلىدا «شېئول» دېگەن سۆز).
15:1 **«ئۆزۈڭنى ئۇلارنىڭ ئىزىدىن نېرى قىل!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «پۇتۇڭنى ئۇلارنىڭ يولىدىن نېرى قىل!».
**16:1** يەش. 7:59؛ رىم. 15:3
**19:1** ئايۇپ 13:8

## دانالىق ساداسى

[20] بۈيۈك دانالىق كوچىدا ئۈچۈق-ئاشكارا خىتاب قىلماقتا،
چوڭ مەيدانلاردا ساداسىنى ئاڭلاتماقتا.
[21] كوچا دوقمۇشلىرىدا ئادەملەرنى چاقىرماقتا،
شەھەر دەرۋازىلىرىدا سۆزلىرىنى جاكارلىماقتا: ــ
[22] ئى ساددىلار، قاچانغىچە مۇشۇنداق نادانلىقىقا بېرىلىسىلەر؟
مەسخىرە قىلغۇچىلار قاچانغىچە مەسخىرىلىكتىن ھۇزۇر ئالىسۇن؟
ئەخمەقلەر قاچانغىچە بىلىمدىن نەپرەتلەنسۇن؟!
[23] تەنبىھلىرىمگە قۇلاق سېلىپ ماڭغان يولۇڭلاردىن يانغان بولساڭلار ئىدى!
روھىمنى سىلەرگە تۆكۈپ بېرەتتىم،
سۆزلىرىمنى سىلەرگە بىلدۈرگەن بولاتتىم.
[24] لېكىن چاقىرسام، ئاڭلىمىدىڭلار؛
قولۇمنى ئۇزارتسام، ھېچقايسىڭلار قارىمىدىڭلار.
[25] نەسىھەتلىرىمنىڭ ھەممىسىگە پەرۋا قىلمىدىڭلار،
تەنبىھىمنى ئاڭلاشنى قىلچە خالىمىدىڭلار.
[26] شۇڭا، بېشىڭلارغا بالايىقازا كەلگەندە كۈلىمەن،
ۋەھىمە سىلەرگە يېتىشى بىلەن مەسخىرە قىلىمەن.
[27] ھالاكەت ئېلىپ كەلگەن ۋەھىمە ئۈستۈڭلارغا چۈشكەندە،

---

20:1 **«دانالىق»** ــ «پەند-نەسىھەتلەر»دە «دانالىق» پەزىلەتلىك بىر ئايالنىڭ سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. بۇ «پەزىلەتلىك ئايال» 1:5-14، 20:6-35، 6:7-27، 13:9-18دە بايان قىلىنغان «پاھىشە ئايال» بىلەن سېلىشتۇرۇلۇشى «پەند-نەسىھەتلەر»نىڭ مۇھىم بىر تېمىسىدۇر.

22:1 **«ساددىلار»** ــ «پەند-نەسىھەتلەر»دە «ساددىلار» (ياكى «نادانلار») دېگەننىڭ «ئۆگەنمىگەنلەر»، «ساۋاتقا ئېرىشمىگەنلەر» دېگەن باشقا خىل تەرجىملىرىمۇ بار. **«ئەخمەقلەر قاچانغىچە بىلىمدىن نەپرەتلەنسۇن؟!»** ــ ئوقۇرمەنلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن، «دانالىق» موشۇ يەردە «نادانلار»غا («ساددىلار»غا) بىۋاستە سۆز قىلىسىمۇ، لېكىن «ئەخمەقلەر»گە ۋە «مەسخىرە قىلغۇچىلار»غا بىۋاستە سۆزلىمەيدۇ. چۈنكى رەزىل يوللارنى تۇتقاچقا، ئۇلارغا ھېچقانداق بىۋاستە نەسىھەت تەسىر قىلمايدۇ (8:4، 9:4، 7-8نىمۇ كۆرۈڭ).

24:1 يەش. 12:65؛ 4:66؛ يەر. 10:13

ۋەيرانچىلىق سىلەرگە قۇيۇنتازدەك كەلگەندە،
سىلەر ئېغىر قايغۇغا ۋە ئازابقا مۇپتىلا بولغىنىڭلاردا ـ
28 ئۇ چاغدا مۇشۇ كىشىلەر مەندىن ئۆتۈنۈپ چاقىرىدۇ،
مەن پەرۋا قىلمايمەن،
مېنى تەلمۈرۈپ ئىزدىسىمۇ، تاپالمايدۇ.
29 ئۇلار بىلىمگە نەپرەتلەنگىنىدىن،
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىشنى تاللىمىغىنىدىن،
30 مېنىڭ نەسىھىتىمنى قىلچە قوبۇل قىلغۇسى يوقلۇقىدىن،
تەنبىھىمگىمۇ پەرۋا قىلمىغىنىڭلاردىن،
31 ئۇلار ئۆز بېشىنى يەيدۇ،
ئۆز قەستلىرىدىن تولۇق ئازاب تارتىدۇ؛
32 چۈنكى ساددىلارنىڭ يولدىن چىقىشى ئۆز جېنىغا زامىن بولىدۇ؛
ئەخمەقلەر راھەتلىك تۇرمۇشىدىن ئۆزلىرىنى هالاك قىلىدۇ.
33 لېكىن ماڭا قۇلاق سالغانلار ئامان-ئېسەن ياشايدۇ،
بالايىقازالاردىن، غەم-ئەندىشىلەردىن خالىي بولۇپ، خاتىرجەم تۇرىدۇ.

## دانالىقنىڭ مېۋىسى

2 1 ئى ئوغلۇم، ئەگەر سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلساڭ،
نەسىھەتلىرىمنى قەلبىڭگە پۈكسەڭ،
2 ئەگەردە دانالىققا قۇلاق سالساڭ،
يورۇقلۇققا ئېرىشىشكە كۆڭۈل بەرسەڭ،
3 ئەگەر ئەقىل-پاراسەتكە تەشنا بولۇپ ئىلتىجا قىلساڭ،
يورۇقلۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا يېلىنساڭ،
4 ئەگەر كۈمۈشكە ئىنتىلگەندەك ئىنتىلسەڭ،
يوشۇرۇن گۆھەرنى ئىزدىگەندەك ئىزدىسەڭ،

**27:1** ئايۇپ 9:27؛ 12:35؛ يەش. 15:1؛ يەر. 11:11؛ 12:14؛ ئەز. 18:8؛ مىك. 4:3
**4:2** مات. 44:13

5 ئۇنداقتا پەرۋەردىگاردىن ھەقىقىي قورقۇشنى بىلىدىغان بولىسەن،
ۋە ساڭا خۇدانى تونۇش نېسىپ بولىدۇ.
6 چۈنكى پەرۋەردىگار دانالىق بەرگۈچىدۇر؛
ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىلىم بىلەن يورۇقلۇق چىقىدۇ.
7 ئۇ دۇرۇس ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن مول ھېكمەت تەييارلاپ قويغاندۇر،
ئۇ ۋىجدانلىق ئادەملەر ئۈچۈن قالقاندۇر.
8 ئۇ ئادىللىق قىلغۇچىلارنىڭ يوللىرىنى ئاسرايدۇ،
ئىخلاسمەن بەندىلىرىنىڭ يولىنى قوغدايدۇ.
9 ئۇ چاغدا ھەققانىيلىق، ئادىللىق ۋە دۇرۇسلۇقنى،
شۇنداقلا ھەرقانداق گۈزەل يولنى چۈشىنىدىغان بولىسەن.
10 دانالىق قەلبىڭگە كىرىشى بىلەنلا،
بىلىم كۆڭلۈڭگە يېقىشى بىلەنلا،
11 پەم-پاراسەت سېنى قوغدايدۇ،
يورۇقلۇق سېنى ساقلايدۇ.
12 ئۇلار سېنى يامان يولدىن،
تىلى زەھەر ئادەملەردىن قۇتقۇزىدۇ؛
13 يەنى توغرا يولدىن چەتنىگەنلەردىن،
قاراڭغۇ يوللاردا ماڭىدىغانلاردىن،
14 رەزىللىك قىلىشنى ھۇزۇر كۆرىدىغانلاردىن،
يامانلىقنىڭ زىيانلىرىنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغانلاردىن،
15 يەنى ئەگرى يوللاردا ماڭىدىغانلاردىن،
قىڭغىر يولدا ماڭىدىغانلاردىن قۇتقۇزىدۇ.
16 دانالىق سېنى يات ئايالدىن،
يەنى شىرىن سۆزلەر بىلەن ئازدۇرماقچى بولغان يوچۇن ئاياللاردىن قۇتقۇزىدۇ.
17 بۇنداق ئاياللار ياش ۋاقتىدا تەگكەن جورىسىنى تاشلاپ،

---

**6:2** 1پاد. 3:12،9؛ ياق. 5:1
**16:2** پەند. 3:5؛ 6:24؛ 5:7

خۇدا ئالدىدىكى نىكاھ قەسىمىنى ئۇنتۇغان ۋاپاسىزلاردىندۇر.
[18] ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يول ئۆلۈمگە ئاپىرىدىغان يولدۇر،
ئۇنىڭ ماڭىدىغان يوللىرى ئادەمنى ئەرۋاھلار ماكانىغا باشلايدۇ.
[19] ئۇنىڭ قېشىغا بارغانلارنىڭ بىرىمۇ قايتىپ كەلگىنى يوق،
ئۇلاردىن بىرىمۇ ھاياتلىق يوللىرىغا ئېرىشكىنى يوق.
[20] شۇلارنى چۈشەنسەڭ ياخشىلارنىڭ يولىدا ماڭىسەن،
ھەققانىيلارنىڭ يوللىرىنى تۇتىسەن.
[21] چۈنكى دۇرۇس ئادەم زېمىندا ياشاپ قالالايدۇ،
مۇكەممەل كىشى بۇ يەردە ماكانلىشالايدۇ.
[22] لېكىن رەزىللەر زېمىندىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ،
ۋاپاسىزلار ئۇنىڭدىن يۇلۇۋېتىلىدۇ.

## ياشلارغا سەممىي ئاگاھلاندۇرۇش

3 [1] ئى ئوغلۇم، تەلىمىمنى ئۇنتۇما،
دېگەنلىرىمنى ھەمىشە كۆڭلۈڭدە چىڭ تۇت.
[2] چۈنكى ئۇ ساڭا بەرىكەتلىك كۈنلەر، ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە خاتىرجەملىك
قوشۇپ بېرىدۇ.
[3] مېھرىبان ۋە ھەق-سەممىي بولۇشتىن ۋاز كەچمە،
بۇلارنى بوينۇڭغا ئېسىۋال،
قەلبىڭگە پۈتۈۋال.

2:21 زەب. 29:37
2:22 ئايۇپ 17:18؛ زەب. 35:104
3:1 «چىڭ تۇت» ــ دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا: «قوغدا، مۇداپىئە قىل» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.
3:2 «بەرىكەتلىك كۈنلەر» ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۈنلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى».
3:2 قان. 8:1؛ 20:30
3:3 «قەلبىڭگە پۈتۈۋال» ــ ئىبرانىي تىلىدا «قەلبىڭدىكى تاختايغا پۈتۈۋال» (مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان مۇقەددەس قانۇن ئىككى تاش تاختايغا پۈتۈلگەنىدى).
3:3 مىس. 9:13؛ قان. 8:6

[4]شۈنداق قىلغاندا خۇدا ۋە بەندىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپاتقا لايىق
بولىسەن، دانىشمەن ھېسابلىنىسەن.

[5]ئۆز ئەقلىڭگە تايانماي، پەرۋەردىگارغا چىن قەلبىڭ بىلەن تايانغىن؛
[6]قانداقلا ئىش قىلساڭ، پەرۋەردىگارنى تونۇشقا ئىنتىل؛
ئۇ ساڭا توغرا يوللارنى كۆرسىتىدۇ.
[7]ئۆزۈڭنى ئەقىللىق سانىما؛
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىپ، يامانلىقتىن يىراق بول.
[8]شۈنداق قىلغىنىڭدا، بۇ ئىشلار دەردىڭگە دەرمان،
ئۇستىخانلىرىڭغا يىلىك بولىدۇ.
[9]پەرۋەردىگارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ مال-دۇنيايىڭدىن ھەدىيەلەرنى
سۇنغىن،
ئېتىزىڭدىن تۇنجى چىققان مەھسۇلاتلىرىڭدىن ئۇنىڭغا ئاتىغىن؛
[10]شۈنداق قىلغىنىڭدا، ئامبارلىرىڭ ئاشلىققا تولۇپ تاشىدۇ،
شاراب كۆلچەكلىرىڭدە يېڭى شاراب ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ.
[11]ئى ئوغلۇم، پەرۋەردىگارنىڭ تەربىيىسىگە بىپەرۋالىق قىلما،
ئۇنىڭ تەنبىھىدىن بەزمە.
[12]چۈنكى، ئاتا ئەزىز كۆرگەن ئوغلىغا تەنبىھ-تەربىيە بەرگەندەك،
پەرۋەردىگار كىمنى سۆيگەن بولسا ئۇنىڭغا تەنبىھ-تەربىيە بېرىدۇ.

---

4:3 **«ئىلتىپاتقا لايىق بولىسەن»** — مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا «ئىلتىپات» دېگەن سۆز ئىككى بىسلىق بولۇپ، ئىككىنچى مەنىسى «گۈزەللىك»تۇر.

6:3 **«قانداقلا ئىش قىلساڭ،...»** — ئىبرانىي تىلىدا «بارلىق يوللىرىڭدا...».

**6:3** 1تار. 9:28

**7:3** رىم. 16:12

8:3 **«دەردىڭگە دەرمان... بولىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا «كىندىكىڭگە سالامەتلىك... بولىدۇ».

**9:3** مىس. 19:23؛ 26:34؛ قان. 2:26-11؛ مال. 10:3؛ لۇقا 13:14

**10:3** قان. 8:28

**11:3** ئايۇپ 17:5؛ ئىبر. 5:12

**12:3** ۋەھ. 19:3

13 دانالىقتا مۇيەسسەر بولغان كىشى،
يورۇقلۇقتا ئىگە بولغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك-ھە!
14 چۈنكى دانالىقنىڭ پايدىسى كۈمۈشنىڭ پايدىسىدىن كۆپتۇر،
قىممىتى ساپ ئالتۇننىڭكىدىنمۇ زىيادىدۇر.
15 ئۇ لەئەل-ياقۇتلاردىن قىممەتلىكتۇر،
ئىنتىزار بولغان ھەرقانداق نەرسەڭدىن ھېچبىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كەلمەستۇر.
16 دانالىقنىڭ ئوڭ قولىدا ئۇزۇن ئۆمۈر،
سول قولىدا بايلىق ۋە شۆھرەت باردۇر.
17 ئۇنىڭ يوللىرى ساڭا خۇش پۇراق تۇيۇلۇر،
ئۇنىڭ بارلىق تەرىقلىرى سېنى ئارام تاپقۇزۇر.
18 ئۇ ئۆزىنى تاپقان ئادەمگە «ھاياتلىق دەرىخى»دۇر،
ئۇنى چىڭ تۇتقان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك!
19 پەرۋەردىگار دانالىق بىلەن يەر-زېمىننى بەرپا قىلدى،
ھېكمەت بىلەن ئاسماننى ئورناتتى.
20 ئۇنىڭ بىلىمى بىلەن يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى يېرىلدى،
ھەمدە بۇلۇتلاردىن شەبنەم چۈشتى.
21 ئى ئوغلۇم! دانالىق بىلەن بىلىمنى كۆزۈڭدىن چىقارما،
پىشقان ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەتنى چىڭ تۇت.
22 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جېنىڭغا جان قوشىدۇ،
بوينۇڭغا ئېسىلغان ئېسىل مارجاندەك ساڭا گۈزەللىك قوشىدۇ.

---

**14:3** ئايۇپ 15:28؛ زەب. 10:19؛ پەند. 8:11،19؛ 16:16

**15:3** پەند. 11:8

**18:3** **«ھاياتلىق دەرىخى»** ــ شۈبھىسىزكى، «ئېرەم باغچىسى»دىكى ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىزنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا تەييارلانغان «ھاياتلىق دەرىخى»نى كۆرسىتىدۇ (تەۋرات، «يار.» 9:2).

**20:3** **«يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى يېرىلدى»** ــ بەلكىم نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدىكى «چوڭ توپان» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («يار.» 11:7)

**20:3** يار. 1:9،10

23 شۇ چاغدا يولۇڭدا ئامان-ئېسەن ماڭالايسەن،
يولدا پۇتلاشمايسەن.
24 ياتقاندا ھېچ نېمىدىن قورقمايسەن،
يېتىشىڭ بىلەنلا تاتلىق ئۇخلايسەن.
25 بېشىڭغا دەھشەتلىك ۋەھىمە چۈشكەندە قورقمىغىن،
رەزىللەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىدىن غەم قىلمىغىن!
26 چۈنكى پەرۋەردىگار سېنىڭ تايانچىڭدۇر،
ئۇ پۇتۇڭنى قاپقانلاردىن نېرى قىلىدۇ.

27 پەقەت قولۇڭدىن كەلسىلا، ھاجەتمەنلەردىن ياخشىلىقنى ئايىمىغىن.
28 قولۇم-قوشنىلىرىڭ سېنىڭدىن ئۆتنە سوراپ كىرسە، «قايتىپ
كېتىپ، ئەتە كەلگىن، ئەتە بېرەي» ــ دېمىگىن.
29 قوشناڭغا زىيانكەشلىك نىيىتىدە بولما،
چۈنكى ئۇ ساڭا ئىشىنىپ يېنىڭدا خاتىرجەم ياشايدۇ.
30 بىرسى ساڭا زىيان يەتكۈزمىگەن بولسا،
ئۇنىڭ بىلەن سەۋەبسىز ماجىرالاشما.
31 زۇلۇمخور كىشىگە ھەسەت قىلما،
ئۇنىڭ يول-تەدبىرلىرىدىن ھېچنېمىنى تاللىما.
32 چۈنكى قىڭغىر يوللارنى ماڭىدىغانلار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە
يىرگىنچلىكتۇر،

---

**23:3** زەب. 23:37-24؛ 9:91-12
**24:3** لاۋ. 19:6؛ ئايۇپ 19:11؛ زەب. 5:3؛ 8:4؛ 5:91، 6
**25:3** **«رەزىللەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىدىن غەم قىلمىغىن!»** ــ ياكى «رەزىللەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن ۋەيرانچىلىقتىن غەم قىلمىغىن!».
**25:3** ئايۇپ 21:5
**30:3** **«سەۋەبسىز ماجىرالاشما»** ــ ياكى «سەۋەبسىز دەۋالاشما».
**31:3** زەب. 1:37؛ 3:73؛ پەند. 17:23

لېكىن ئۇنىڭ سىرداش دوستلۇقى دۇرۇس ياشاۋاتقان ئادەمگە
تەئەللۇقتۇر.
33 پەرۋەردىگارنىڭ لەنىتى رەزىللىك قىلغۇچىنىڭ ئۆيىدىدۇر،
لېكىن ئۇ ھەققانىي ئادەمنىڭ ئۆيىگە بەخت ئاتا قىلۇر.
34 بەرھەق، مەسخىرە قىلغۇچىلارنى ئۇ مەسخىرە قىلىدۇ،
لېكىن كىچىك پېئىل كىشىلەرگە شەپقەت كۆرسىتىدۇ.
35 دانالار شۆھرەتكە ۋارىسلىق قىلىدۇ،
لېكىن ھاماقەتلەر رەسۋا قىلىنىدۇ.

## خېكمەت ۋە دانالىقنىڭ پايدىسى

4 1 ئى ئوغۇللار، ئاتاڭلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاڭلار،
كۆڭۈل قويساڭلار،
يورۇقلۇققا ئېرىشىسىلەر.
2 چۈنكى سىلەرگە ئۆگىتىدىغانلىرىم ياخشى بىلىمدۇر،
كۆرسەتمىلىرىمدىن ۋاز كەچمەڭلار.
3 چۈنكى مەنمۇ ئاتامنىڭ يۇمران بالىسى ئىدىم،
ئانامنىڭ ئارزۇلۇق يالغۇز ئوغلى ئىدىم،
4 ئاتام ماڭا ئۆگىتىپ مۇنداق دېدى:
سۆزلىرىمنى ئېسىڭدە تۇت؛
كۆرسەتمىلىرىمگە رىئايە قىل،
شۇنىڭ بىلەن ياشنايسەن.

---

**32:3** ئايۇپ 4:29؛ زەب. 9،12،14:25
**33:3** لاۋ. 14:26-45؛ قان. 15:28-68؛ مال. 2:2
**34:3** ياق. 6:4؛ 1پېت. 5:5
35:3 **«لېكىن ھاماقەتلەر رەسۋا قىلىنىدۇ»** ــ ياكى «لېكىن ئۇ (خۇدا) ھاماقەتلەرنى نومۇسقا قالدۇرىدۇ» (ئىبرانىي تىلدا كىنايە ئىشلىتىپ، ئاخىرقى سۆز «كۆتۈرۈلىدۇ» بولىدۇ).
**3:4** 1تار. 1:29
**4:4** 1تار. 9:28

5 دانالىقنى ئالغىن، ئەقىل تاپ،
ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئۇنتۇما، ئۇلاردىن چىقما.
6 دانالىقتىن ۋاز كەچمە، ئۇ سېنى ساقلايدۇ؛
ئۇنى سۆيگىن، ئۇ سېنى قوغدايدۇ.
7 دانالىق ھەممە ئىشنىڭ بېشىدۇر؛
شۇڭا دانالىقنى ئالغىن؛
بارلىقىڭنى سەرپ قىلىپ بولساڭمۇ، ئەقىل تاپقىن.
8 دانالىقنى ئەزىزلىگىن، ئۇ سېنى كۆتۈرىدۇ،
ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغاندا، سېنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ.
9 بېشىڭغا تاقالغان گۈل چەمبىرەكتەك ساڭا گۈزەللىك ئېلىپ كېلىدۇ،
ساڭا شۆھرەتلىك تاج ئىنئام قىلىدۇ.
10 ئى ئوغلۇم، قۇلاق سالغىن، سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلغىن،
شۇندا ئۆمرۈڭنىڭ يىللىرى كۆپ بولىدۇ.
11 مەن ساڭا دانالىق يولىنى ئۆگىتەي،
سېنى دۇرۇسلۇق يوللىرىغا باشلاي.
12 ماڭغىنىڭدا قەدەملىرىڭ چەكلەنمەيدۇ،
يۈگۈرسەڭ يىقىلىپ چۈشمەيسەن.
13 ئالغان تەربىيەڭنى چىڭ تۇت،
قولۇڭدىن كەتكۈزمىگىن؛
ئوبدان ساقلىغىن ئۇنى،
چۈنكى ئۇ سېنىڭ ھاياتىڭدۇر.

14 يامان ئادەملەر ماڭغان يولغا كىرمە،
رەزىللەرنىڭ ئىزىنى باسما.

---

7:4 پەند. 23:23
9:4 پەند. 19:1
12:4 زەب. 91:9-12
14:4 زەب. 1:1؛ پەند. 1:15،10

15 ئۇلارنىڭ يولىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇر،
يولىغا يېقىن يولىما؛
ئۇنىڭدىن يانداپ ئۆتۈپ كەت،
نېرى كەتكىن.
16 چۈنكى يامانلار بىرەر رەزىللىك قىلمىغۇچە ئۇخلىيالماس،
بىرەرسىنى يىقىتمىغۇچە ئۇيقۇسى كەلمەس.
17 يامانلىق ئۇلارنىڭ ئوزۇقىدۇر،
زوراۋانلىق ئۇلارنىڭ شارابىدۇر.
18 لېكىن ھەققانىيلارنىڭ يولى گويا تاڭ نۇرىدۇر،
كۈن چۈش بولغۇچە بارغانسېرى يورۇيدۇ.
19 يامانلارنىڭ يولى زۇلمەت كېچىدەك قاپقاراڭغۇ،
ئۇلار يىقىلىپ، نېمىگە پۈتلىشىپ كەتكىنىنى بىلمەيدۇ.

20 ئى ئوغلۇم، سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا،
گەپلىرىمگە قۇلاق سال.
21 ئۇلارنى كۆزۈڭدە تۇتقىن،
يۈرىكىڭنىڭ قېتىدا قەدىرلەپ ساقلىغىن.
22 چۈنكى سۆزلىرىم تاپقانلار ئۈچۈن ھاياتتۇر،
ئۇلارنىڭ پۈتۈن تېنىگە سالامەتلىكتۇر.
23 قەلبىڭنى «ھەممىدىن ئەزىز» دەپ ساپ تۇت،
چۈنكى بارلىق ھايات ئىشلىرى قەلبتىن باشلىنىدۇ.
24 ئاغزىڭنى ئەگرى گەپتىن يىراق تارت،
لەۋلىرىڭ ئېزىتقۇلۇقتىن نېرى بولسۇن.
25 كۆزۈڭنى ئالدىڭغا تۈز تىككىن،
نەزىرىڭنى ئالدىڭغا توغرا تاشلا؛
26 ماڭىدىغان يولۇڭنى ئوبدان ئويلانغىن،

---

**22:4** پەند. 13:4

شۇنداق قىلساڭ ئىشلىرىڭ پۇختا بولىدۇ.
[27] ئوڭغا، سولغا قايمىغىن؛
قەدەملىرىڭنى يامانلىق يولىدىن نېرى تارت.

## بۇزۇقچىلىق-پاھىشىۋازلىقنىڭ ئاقىۋىتى بالايىئاپەتتۇر، سادىقلىقنىڭ نەتىجىسى بەخت-سائادەتتۇر

5 [1] ئى ئوغلۇم، دانالىقىمغا كۆڭۈل قويغىن،
ئىدراكلىق سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغىن.
[2] شۇنداق قىلغىنىڭدا ئىشقا سەزگۈرلۈك بىلەن قارايدىغان بولىسەن،
لەۋلىرىڭ پەم-پاراسەتتىن ئايرىلمايدۇ.
[3] چۈنكى بۇزۇق خوتۇننىڭ ئاغزىدىن ھەسەل تامىدۇ،
لەۋلىرى زەيتۇن يېغىدىن سىلىقتۇر؛
[4] لېكىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى كەكرىدەك ئاچچىق،
ئىككى بىسلىق قىلىچتەك ئۆتكۈر.
[5] ئۇنىڭ قەدەملىرى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئېلىپ بارىدۇ،
تۇتقان يولى گۆرگە باشلايدۇ.
[6] ھاياتلىق يولىنى قىلچە بىلگۈم يوق دەپ،
باسقان قەدەملىرى تۇراقسىز بولىدۇ،
نەگە بارىدىغانلىقىنى ھېچ بىلمەيدۇ.
[7] شۇڭا، ئى ئوغۇللىرىم، سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار،
مېنىڭ دېگەنلىرىمدىن چىقماڭلار.
[8] ئۇنداق خوتۇندىن يىراق قاچ!

---

**27:4** قان. 32:5؛ 14:28

**3:5** پەند. 16:2؛ 24:6

5:5 **«گۆر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شېئول»، يەنى «تەھتىسارا» دېيىلىدۇ، ئۇ ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى قىيامەت كۈنىنى كۈتىدىغان يەر.

**5:5** پەند. 27:7

ئىشىكى ئالدىغىمۇ يېقىن يولىما!
[9] بولمىسا، ئىززەت-ئابرۇيۇڭنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويىسەن،
ياشلىق يىللىرىڭنى رەھىمسىزلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىسەن!
[10] يات ئادەملەر بايلىقلىرىڭ بىلەن ئۆزىنى تولدۇرىدۇ،
جاپالىق ئەجىرلىرىڭنىڭ مېۋىسى ياقا يۇرتلۇقنىڭ ئۆيىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ؛
[11] ئەجىلىڭدە نالە-پەرياد كۆتۈرگىنىڭدە،
ئەزايى-بەدىنىڭ يەم بولغاندا،
[12] شۇ چاغدا سەن: ــ «ئاھ، نەسىھەتلەردىن نېمانچە نەپرەتلەنگەندىمەن!
كۆڭلۈمدە تەنبىھلەرنى نېمانچە كەمسىتكەندىمەن!
[13] نېمىشقا ئۇستازلىرىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندىمەن؟
ماڭا تەربىيە بەرگەنلەرگە قۇلاق سالمىغاندىمەن؟
[14] جەمئىيەتتىمۇ، جامائەت ئالدىدىمۇ ھەرخىل نومۇسقا قالغاندەك بولدۇم!» ــ دەپ قالىسەن.

[15] ئۆزۈڭنىڭ كۆلچىكىڭدىكى سۇنى ئىچكىن،
ئۆز بۇلىقىڭدىن ئېقىۋاتقان سۇدىن ھۇزۇرلان.
[16] بۇلاقلىرىڭ ئۇرغۇپ ھەر يەرگە تارقىلىپ كەتسە بولامدۇ؟
ئېرىقلىرىڭدىكى سۇلار كوچىلاردا ئېقىپ يۈرسە بولامدۇ؟
[17] بۇلار ساڭىلا خاس بولسۇن،
يات كىشىلەرگە تەگمىسۇن!

---

9:5 پەند. 6:35، 34
14:5 «ھەرخىل نومۇسقا قالغاندەك بولدۇم!» ــ ياكى «پۈتۈنلەي زاۋاللىققا چۈشكەندەكمەن!»
15:5 «ئۆزۈڭنىڭ كۆلچىكىڭدىكى سۇ...، ئۆز بۇلىقىڭدىن ئېقىۋاتقان سۇدىن ھۇزۇرلان» ــ شۈبھىسىزكى، ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدۇ.
17:5 «بۇلاقلىرىڭ ئۇرغۇپ ھەر يەرگە تارقىلىپ كەتسە بولامدۇ؟ ... بۇلار ساڭىلا خاس بولسۇن، يات كىشىلەرگە تەگمىسۇن!» ــ 16-17-ئايەتلەر شۈبھىسىزكى، كۆچمە مەنىدە. بىزنىڭچە كۆچمە مەنىسى: «ئىشقى مۇھەببەتلىرىڭنى يات ئاياللارغا بەرمە، پەقەت ئۆز جۆراڭغىلا بېغىشلا؛ بولمىسا ئىنتايىن نومۇس ئىش بولىدۇ، رەستە-كوچىلاردا رەسۋا بولىسەن» دېگەندەك

18 بۇلىقىڭ بەخت-بەرىكەتلىك بولغاي!
ياشلىقىڭدا ئالغان خوتۇنۇڭ بىلەن ھۇزۇرلان.
19 ئۇ چىشى كېيىكتەك چىرايلىق! جەرەندەك سۆيۈملۈك!
ئۇنىڭ باغرىدىن ھەمىشە قانائەتتە بولغايسەن،
ئۇنىڭ قايناق مۇھەببىتىدىن دائىم خۇشاللىقتا پاتقايسەن.
20 ئى ئوغلۇم، نېمىشقا يات ئايالغا شەيدا بولىسەن؟
نېمىشقا يوچۇن خوتۇننىڭ قوينىغا ئۆزۈڭنى ئاتىسەن؟
21 چۈنكى ئىنساننىڭ ھەممە قىلغانلىرى پەرۋەردىگارنىڭ كۆز ئالدىدا
ئاشكارىدۇر،
ئۇ ئۇنىڭ ھەممە ماڭغان يوللىرىنى تارازىغا سېلىپ تۇرىدۇ.
22 يامان ئادەمنىڭ ئۆز قەبىھلىكلىرى ئۆزىنى تۇزاققا چۈشۈرىدۇ،
ئۇ ئۆز گۇناھى بىلەن سىرتماققا ئىلىنىدۇ.
23 ئۇ يولىيورۇقتىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن جېنىدىن ئايرىلىدۇ،
چېكىدىن ئاشقان ھاماقەتلىكى تۈپەيلىدىن يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ.

## يەنە بىرنەچچە نەسىھەت

6 1 ئى ئوغلۇم، ئەگەر دوستۇڭغا بورۇن بولغان بولساڭ،
يات كىشىنىڭ قەرزىنى تۆلەشكە قول بېرىشىپ ۋەدە بەرگەن
بولساڭ،

---

بولسا كېرەك. بەزى ئالىملار مۇشۇ ئايەتتىكى «سۇلار» باللارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قاراپ، مۇنداق تەرجىمە قىلىدۇ: ــ
ــ«بۇلاقلىرىڭ ئۇرغۇپ ھەر يەرگە تارقىلىپ كەتسۇن، ئېرىقلىرىڭدىكى سۇلار كوچىلاردا ئېقىپ يۈرسۇن (دېمەك، «پەرزەنتلىرىڭ ئۇرغۇغان بۇلاقلاردەك ھەر يەرگە تارقالسۇن!»)؛ پەقەتلا ساڭىلا خاس بولسۇن، يات ئايالدىن بولغان بولمىسۇن!».
18:5 «**بۇلىقىڭ بەخت-بەرىكەتلىك بولغاي!**» ــ «بۇلىقىڭ» مۇشۇ ئايەتتە «ئۆز ئايالىڭ»نى كۆرسىتىدۇ. ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى كۆرۈڭ.
19:5 «**ئۇنىڭ باغرىدىن...**» ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇنىڭ ئەمچەكلىرىدىن...».
21:5 2تار. 9:16؛ ئايۇپ 4:31؛ 21:34؛ پەند. 3:15؛ يەر. 17:16؛ 19:32
1:6 «**بورۇن**» ــ كېپىل بولغان كىشى.

2 ئەگەر ئۆز سۆزۈڭدىن ئىلىنغان بولساڭ،
ئۆز ۋەدەڭ بىلەن باغلىنىپ قالساڭ،
3 ئۇ يېقىنىڭنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىڭ ئۈچۈن،
ئامال قىلىپ ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇز —
دەرھال يېقىنىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزۈڭنى كەمتەر تۇتۇپ شۇ
ئىشتىن خالىي قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ سورا.

4 جەرەن شىكارچىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقاندەك،
قۇش ئوۋچىنىڭ قولىدىن چىقىشقا تىرىشقاندەك،
قۇتۇلمىغۇچە ئۇخلاپ ياتما،
ھەتتا ئۈگدەپ ئاراممۇ ئالما.

## چۈمۈلە

6 ئى ھۇرۇن، چۈمۈلىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۆگەن،
ئۇنىڭ تىرىكچىلىك يوللىرىغا قاراپ دانا بول.
7 ئۇلارنىڭ باشلىقى، ئەمەلدارى، ھۆكۈمدارى يوق بولسىمۇ،
8 لېكىن ئۇلار يازدا يىلنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئاش توپلىۋالىدۇ،
ھوسۇل پەسلىدە ئوزۇق تەييارلىۋالىدۇ.
9 ئى ھۇرۇن، قاچانغىچە ئۇخلاپ ياتىسەن؟
قاچان ئورنۇڭدىن تۇرىسەن؟
10 سەن: — بىردەم كۆز يۇمۇۋالاي، بىردەم ئۇخلىۋالاي،
بىردەم قولۇمنى قوشتۇرۇپ يېتىۋالاي، — دەيسەن.
11 لېكىن ئۇخلاپ ياتقاندا، مىسكىنلىك قاراقچىدەك كېلىپ سېنى
باسىدۇ،
يوقسۇللۇق خۇددى قوراللىق بۇلاڭچىدەك ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.

---

**4:6** زەب. 132:4-5؛ پەند. 13:20
**9:6** پەند. 4:13؛ 4:20؛ 33،34:24

12 ئەرزىمەس، پەيلى بۇزۇق ئادەم ھەممىلا يەردە يالغان ئېيتىپ،
پەسلىكنى سۆزلەيدۇ.
13 ئۇ كۆز قىسىپ،
پۇتلىرى بىلەن ئىشارە قىلىپ،
بارماقلىرى بىلەن كۆرسىتىدۇ؛
14 كۆڭلىدە ئالدامچىلىقلا ياتىدۇ،
ئۇ دائىم رەزىللىكنىڭ كويىدا بولىدۇ،
ھەممىلا يەردە جېدەل-ماجىرا تېرىيدۇ.
15 شۇڭا ئۇنىڭغا بېكىتىلگەن بالايىقازا ئۇنى تۇيۇقسىز باسىدۇ،
ئۇ بىراقلا داۋالىغۇسىز يانجىلىدۇ.

16 پەرۋەردىگار نەپرەتلىنىدىغان ئالتە نەرسە بار،
بەرھەق، يەتتە نەرسە ئۇنىڭغا يىرگىنچلىكتۇر.
17 ئۇلار بولسا،
تەكەببۇرلۇق بىلەن قارايدىغان كۆز،
يالغان سۆزلەيدىغان تىل،
بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى تۆكۈزىدىغان قول،
18 سۇيىقەست ئويلايدىغان كۆڭۈل،
يامانلىق قىلىشقا تېز يۈگۈرەيدىغان پۇتلار،
19 يالغان سۆزلەيدىغان ساختا گۇۋاھچى،
بۇرادەر-قېرىنداشلىرى ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغۇچى كىشىدۇر.

12:6 **«ئەرزىمەس»** — ئىبرانىي تىلدا «بېلىئالنىڭ ئوغلى» دېيىلىدۇ. «بېلىئال»نىڭ مەنىسى «ئەرزىمەس» دېگەنلىك بولۇپ، بەلكىم ئىبلىسنى كۆرسىتىدۇ.

**17:6** پەند. 13:30

**18:6** رىم. 15:3

## زىناخورلۇقتىن ئۆزۈڭنى تارت

20 ئى ئوغلۇم، ئاتاڭنىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىل؛
ئاناڭنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چىقما.
21 ئۇلارنىڭ سۆزىنى قەلبىڭگە تېڭىپ،
ئۇلارنى بوينۇڭغا مارجاندەك قىلىپ ئېسىۋال.
22 يولغا چىققىنىڭدا ئۇلار سېنى يېتەكلەيدۇ،
ئۇخلىغىنىڭدا ئۇلار سېنى ساقلايدۇ،
ئويغانغىنىڭدا ئۇلار سېنى خەۋەرلەندۈرىدۇ.
23 چۈنكى خۇدانىڭ پەرمانى يورۇق چىراغ،
ئۇنىڭ مۇقەددەس قانۇنى نۇردۇر؛
تەربىيەنىڭ تەنبىھلىرى بولسا ھاياتلىق يولىدۇر.
24 ئۇلار سېنى بۇزۇق خوتۇندىن ساقلىغۇچى،
يات خوتۇننىڭ شېرىن سۆزلىرىدىن يىراق قىلغۇچىدۇر.
25 ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە كۆڭلۈڭنى باغلىمىغىن،
ئۇنىڭ قاش-كۆز ئوينىتىشى سېنى ئەسىرگە ئالمىسۇن.
26 چۈنكى بۇزۇق ئاياللار تۈپەيلىدىن ئادەملەر بىر پارچە نانغىمۇ زار بولىدۇ،
يات ئادەمنىڭ زىناخور ئايالى بولسا كىشىنىڭ قىممەتلىك جېنىنى
ئۆزىگە ئوۋ قىلىۋالىدۇ.
27 ئوتنى قوينۇڭغا سالساڭ،
ئۆز كىيىمىڭنى كۆيدۈرمەمسەن؟
28 چوغنىڭ ئۈستىدە دەسسەپ ماڭساڭ پۇتۇڭنى كۆيدۈرمەمسەن؟
29 باشقىلارنىڭ ئايالى بىلەن بىر ئورۇندا ياتىدىغان كىشى شۇنداق
بولىدۇ؛

---

**20:6** پەند. 8:1

**21:6** پەند. 3:3

**22:6** پەند. 23،24:3

**23:6** زەب. 9-7:19؛ 105:119

**24:6** پەند. 16:2؛ 3:5؛ 5:7

كىم ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسە ئاقىۋەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.
30 ئاچ قالغاندا قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلغان
كىشىنى باشقىلار كەمسىتمەيدۇ؛
31 شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ تۇتۇلۇپ قالسا،
ئېگىسىگە يەتتىنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ؛
ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى ھەممە نەرسىسىنى تاپشۇرىدۇ.
32 ھالبۇكى، باشقىلارنىڭ خوتۇنى بىلەن زىنا قىلغۇچى ئۇنىڭدىنمۇ
بەتتەر بولۇپ، تولىمۇ غەپلەتلىكتۇر؛
ئۇنداق قىلغۇچى ئۆز-ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ.
33 ئۇ زەخمەت يەيدۇ، شەرمەندە بولىدۇ،
ئۇنىڭ رەسۋاسى ھېچ ئۆچۈرۈلمەيدۇ.
34 چۈنكى كۈنلەش ئوتى ئەرنى دەرغەزەپكە كەلتۈرىدۇ،
ئىنتىقام ئالغان كۈندە ئۇ ھېچ رەھىم قىلمايدۇ.
35 تۆلەم پۇلى بېرەي دېسەڭمۇ ئۇ قوبۇل قىلمايدۇ،
ھەرقانچە سوۋغا-سالام بەرسەڭمۇ ئۇنى بېسىقتۇرغىلى بولمايدۇ.

## 7

1 ئى ئوغلۇم، سۆزلىرىمگە ئەمەل قىل،
تاپشۇرۇقلىرىمنى يۈرىكىڭدە ساقلا.
2 تاپشۇرۇقلىرىمغا ئەمەل قىلساڭ، ياشنايسەن؛
تەلىملىرىمنى كۆز قارىچۇقۇڭنى ئاسرىغاندەك ئاسرا.
3 ئۇلارنى بارماقلىرىڭغا تېڭىپ قوي،
قەلب تاختاڭغا يېزىۋال.
4 دانالىقنى، سەن ھەدە-سىڭلىم، دېگىن،
يەم-پاراسەتنى «تۇغقىنىم» دەپ چاقىر.

---

**31:6** مىس. 1:22، 4
**2:7** لاۋ. 5:18؛ پەند. 4:4
**3:7** قان. 8:6؛ 18:11

5 شۇنداق قىلساڭ، ئۇلار سېنى يات خوتۇندىن يىراقلاشتۇرىدۇ،
ئاغزىدىن سىلىق سۆز چىقىدىغان يوچۇن ئايالدىن نېرى قىلىدۇ.

## بۇزۇق خوتۇن

6 بىر قېتىم ئۆيىنىڭ دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن تاشقىرىغا قارىغىنىمدا،
7 بىرنەچچە ياش، ساددا يىگىتلەرنى كۆردۇم،
ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئەقىلسىزنى كۆرۈپ قالدىم،
8 ئۇ كوچا بويلاپ بۇزۇق خوتۇن تۇرۇشلۇق دوقمۇشتىن ئۆتۈپ،
ئاندىن ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
9 كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە،
زۇلمەت كېچە، ئاي قاراڭغۇسىدا ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتتى.
10 مانا، ئۆيدىن بىر خوتۇن چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى؛
كىيىمى پاھىشە ئاياللارنىڭكىدەك بولۇپ،
نىيىتى ھىيلە-مىكىر ئىدى.
11 ئاغزى بىشەم-ھاياسىز، ناھايىتى جاھىل بىر خوتۇن،
ئۇ ئۆيىدە تۇرمايدۇ،
12 بىردە مەھەللىدە، بىردە مەيدانلاردا،
ئۇ كوچىلاردىكى ھەر دوقمۇشتا پايلاپ يۈرىدۇ.
13 ھېلىقى ياش يىگىتنى تارتىپ، ئۇنى سۆيۈپ،
نومۇسسىزلارچە ئۇنىڭغا: ــ
14 «ئۆيۈمدە «ئىناقلىق قۇربانلىقى» گۆشى بار،
مەن بۈگۈن خۇداغا قەسەم قىلغان قۇربانلىقنى قىلدىم،

---

**5:7** پەند. 3:5

**11:7** پەند. 13:9

**14:7** **«ئىناقلىق قۇربانلىقى»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان مۇقەددەس قانۇن بېكىتكەن بىر خىل قۇربانلىق، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى؛ (1) خۇدا بىلەن بولغان ئىناقلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن؛ (2) خۇداغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن؛ (3) خۇداغا دۇئا بىلەن قىلغان قەسەمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. —قۇربانلىققا كالا، قوي ياكى ئۆچكىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل قۇربانلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى، قۇربانلىق سۇنغۇچى كىشى ئۇنى قۇربانلىق قىلغاندىن كېيىن، گۆشىدىن ئېلىپ يېيەلەيدۇ. مۇشۇ يەردە بۇ

15 شۇڭا مەن سىزنى چاقىرغىلى چىقتىم،
دىدارىڭىزغا تەلپۈنۈپ ئىزدىدىم.
ئەمدى سىزنى تېپىۋالدىم!
16 كارۋىتىمغا مىسىرنىڭ كەشتىلىك، يوللۇق لىباس ياپقۇچلىرىنى ياپتىم.
17 ئورۇن-كۆرپىلىرىمگە خۇش پۇراق مۇرمەككى، مۇئەتتەر ۋە قوۋزاق دارچىنلارنى چاچتىم.
18 كېلىڭ، تاڭ ئاتقۇچە مۇھەببەتلىشەيلى، ئويناپ ھۇزۇرلىنايلى،
كۆڭلىمىز قانغۇچە ئۆزئارا ئەيش-ئىشرەت قىلايلى،
19 ئېرىم ئۆيدە يوق، يىراق سەپەرگە چىقىپ كەتتى.
20 ئۇ بىر ھەميان پۇل ئېلىپ كەتتى،
ئاي تولغۇچە ئۇ ئۆيگە كەلمەيدۇ» ــ دېدى.
21 ئايال كۆپ شېرىن سۆزلىرى بىلەن راسا قىزىقتۇردى،
چىرايلىق گەپلىرى بىلەن ئۇنى ئەسىر قىلىۋالدى.
23-22 سويۇشقا ئېلىپ ماڭغان ئۆكۈزدەك،
ھاماقەت كىشى كىشەن بىلەن جازاغا ماڭغاندەك،
قىلتاققا چۈشكەن قۇشتەك،
يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.
جىگىرىنى ئوق تېشىپ ئۆتمىگۈچە،
ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھاياتىغا زامىن بولىدىغانلىقىنى ھېچ بىلمەيدۇ.

24 ئى ئوغۇللىرىم، سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار،
دېگەنلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار،
25 قەلبىڭلارنى بۇنداق خوتۇننىڭ يولىغا كەتكۈزمەڭلار،
ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەڭلار.

---

ئايال: «مەن خۇدا ئالدىدا پاك» دېمەكچى بولىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ساختىپەزلىك، ئەلۋەتتە.

**17:7** كۈي. 14:4.

**21:7** پەند. 17:1

[26] بۇنداق ئايال نۇرغۇن كىشىلەرنى يىقىتىپ يارىلاندۇرغان،
ئۇنىڭ بوغۇزلىغان ئادەملىرى تولىمۇ كۆپتۇر،
[27] ئۇنىڭ ئۆيى بولسا تەھتىسارانىڭ كىرىش ئېغىزىدۇر،
ئادەمنى «ھالاكەت مېھمانخانىسى»غا چۈشۈرۈش يولىدۇر.

## «دانالىق» خىتاب قىلىدۇ

8 [1] قۇلاق سال، دانالىق چاقىرىۋاتامدۇ؟
يورۇقلۇق سادا چىقىرىۋاتامدۇ؟
[2] يوللارنىڭ ئېگىز جايلىرىدىن،
دوقمۇشلاردىن ئۇ ئورۇن ئالىدۇ،
[3] شەھەرگە كىرىدىغان قوۋۇقلارنىڭ يېنىدا،
ھەرقانداق دەرۋازا ئېغىزلىرىدا ئۇ مۇراجىئەت قىلماقتا: ــ
[4] «ئى مۆتىۋەرلەر، سىلەرگە مۇراجىئەت قىلىمەن،
ھەي، ئادەم بالىلىرى، سادانى سىلەر ئۈچۈن قىلىمەن،
[5] گۆدەك بولغانلار، زېرەكلىكنى ئۆگىنىۋېلىڭلار،
ئەخمەق بولغانلار، يورۇقلۇققا ئېرىشىڭلار!
[6] ماڭا قۇلاق سېلىڭلار،
چۈنكى گۈزەل نەرسىلەرنى دەپ بېرىمەن،
ئاغزىمنى ئېچىپ، دۇرۇس ئىشلارنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن.

---

27:7 **«تەھتىسارا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شېئول»، ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى قىيامەت كۈنىنى كۈتىدىغان يەر.

**27:7** پەند. 18:2؛ 5:5

**1:8** پەند. 1:21،20

5:8 **«گۆدەك بولغانلار، ...ئەخمەق بولغانلار، يورۇقلۇققا ئېرىشىڭلار!»** ــ ئوقۇرمەنلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن، «دانالىق» «نادانلار»غا (ياكى «گۆدەكلەر» ياكى «ساددىلار»غا) بىۋاستە سۆز قىلىدۇ، پەقەت **بەزىدە** «ئەخمەقلەر»گە بىۋاستە سۆز قىلىدۇ، لېكىن «مەسخىرە قىلغۇچىلار»غا ھەرگىز بىۋاستە سۆزلىمەيدۇ. چۈنكى «مەسخىرە قىلغۇچىلار» رەزىل يوللارنى تۇتقىنى ئۈچۈن ئۇلارغا ھېچقانداق نەسىھەت تەسىر قىلمايدۇ (22:1، 4:9، 7-8نىمۇ كۆرۈڭ).

7 ئېيتقانلىرىم ھەقىقەتتۇر،
ئاغزىم رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىدۇ؛
8 سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەق،
ئۇلاردا ھېچقانداق ھىيلىگەرلىك ياكى ئەگىتمىلىك يوقتۇر.
9 ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن ئېنىق،
بىلىم ئالغانلار ئۈچۈن دۇرۇس-توغرىدۇر.
10 كۈمۈشكە ئېرىشكەندىن كۆرە، نەسىھەتلىرىمنى قوبۇل قىلىڭلار،
ساپ ئالتۇننى ئېلىشتىن كۆرە بىلىمنى ئېلىڭلار.
11 چۈنكى دانالىق لەئەل-ياقۇتلاردىن ئەۋزەل،
ھەرقانداق ئەتىۋارلىق نەرسەڭمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كەلمەستۇر.
12 مەن بولسام دانالىقمەن،
زېرەكلىك بىلەن بىللە تۇرىمەن،
ئىستىقامەتتىن كېلىپ چىققان بىلىمنى ئايان قىلىمەن.
13 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش ـ يامانلىقتا نەپرەتلىنىش دېمەكتۇر؛
تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، يامان يول ھەم شۇم ئېغىزنى ئۆچ كۆرىمەن.
14 مەندە ئوبدان مەسلىھەتلەر، پىشقان ھېكمەت بار؛
مەن دېگەن يورۇقلۇق، قۇدرەت مەندىدۇر.
15 پادىشاھلار مەن ئارقىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ،
مەنسىز ھاكىملار ئادىل ھۆكۈم چىقارماس.
16 مەن ئارقىلىقلا ئەمىرلەر ئىدارە قىلىدۇ،
ئالىيجانابلار، يەر يۈزىدىكى بارلىق سوراقچىلار توغرا ھۆكۈم قىلىدۇ.
17 كىمكى مېنى سۆيسە، مەنمۇ ئۇنى سۆيىمەن،
مېنى تەلمۈرۈپ ئىزدىگەنلەر مېنى تاپالايدۇ؛
18 مەندە بايلىق، شۆھرەت،

---

7:8 **«ئېيتقانلىرىم ھەقىقەتتۇر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «تاڭلايىم ھەقىقەتنى سېغىنىپ سۆزلەيدۇ»

**11:8** ئايۇپ 15:28؛ زەب. 10:19؛ پەند. 15:3،14؛ 16:16

12:8 **«...بىلىمنى ئايان قىلىمەن»** ــ ياكى «...بىلىمنى تېپىپ بېرىمەن».

ھەتتا كونىرىماس، كۆچمەس دۆلەت ۋە ھەققانىيەتمۇ بار.
19 مېنىڭ مېۋەم ساپ ئالتۇندىن،
ھەتتا ساپ ئالتۇندىن قىممەتلىكتۇر،
مېنىڭ ئالىدىغان دارامەت ساپ كۈمۈشتىنمۇ ئۈستۈندۇر.
20 مەن ھەققانىيەت يولىدا ماڭىمەن؛
ئادالەت يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈرىمەنكى،
21 مېنى سۆيگەنلەرنى ئەمەلىي نەرسىلەرگە مىراس قىلدۇرىمەن؛
ئۇلارنىڭ خەزىنىلىرىنى تولدۇرىمەن.
23-22 پەرۋەردىگار ئىشلىرىنى باشلىشىدىلا،
قەدىمدە ياسىغانلىرىدىن بۇرۇنلا،
مەن ئۇنىڭغا تەۋەدۇرمەن. ئەزەلدىن تارتىپلا — مۇقەددەمدە،
يەر-زېمىن يارىتىلماستىنلا،
مەن تىكلەنگەنمەن. 24 چوڭقۇر ھاڭلار، دېڭىز-ئوكيانلار ئاپىرىدە بولۇشتىن ئاۋۋال،
مەن مەيدانغا چىقىرىلغانمەن؛
مول سۇ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇلاقلار بولماستىنلا،
26-25 ئېگىز تاغلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قويۇلماستىنلا، تۆپىلىكلەر شەكىللەنمەستىنلا،
پەرۋەردىگار بىپايان زېمىن، كەڭ دالالارنى،
ئالەمنىڭ ئەسلىيدىكى توپا-چاڭلىرىنىمۇ تېخى ياراتماستىنلا،
مەن مەيدانغا چىقىرىلغانمەن.
29-27 ئۇ ئاسمانلارنى بىنا قىلغۇاتقىنىدا،

---

**18:8** پەند. 16:3

**19:8** پەند. 14:3

**23-22:8** «**پەرۋەردىگار ئىشلىرىنى باشلىشىدىلا...**» — ئىبرانىي تىلىدا «پەرۋەردىگار يولىنى باشلىشىدىلا...». «**...مەن تىكلەنگەنمەن**» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «...مەن مەسىھ قىلىندىم».

**23-22:8** قان. 8:32، 27:33؛ يـۇھ. 1:1

**:** مىك. 2:5

دېڭىز يۈزىگە ئۈپۈق سىزىقىنى سىزىۋاتقىنىدا،
ئەرشتە بۇلۇتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ،
چوڭقۇر دېڭىزدىكى بۇلاق-مەنبەلەرنى مۇستەھكەملەۋاتقىنىدا،
دېڭىز سۇلىرىنى بېكىتكەن دائىرىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن دەپ پەرمان چۈشۈرۈۋاتقىنىدا،
بىپايان زېمىنىنىڭ ئۇللىرىنى قۇرۇۋاتقىنىدا،
مەن ئۇ يەردە ئىدىم؛
30 شۇ چاغدا گويا ئۇستا بىر ھۈنەرۋەندەك ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانىدىم،
مەن ھەردائىم ئۇنىڭ ئالدىدا شادلىناتتىم، مەن ئۇنىڭ كۈندىلىك دىلئارامى ئىدىم؛
31 مەن ئۇنىڭ ئالەمدىن، يەر-زېمىندىن شادلىنىپ،
دۇنيادىكى ئىنسانلاردىن خۇرسەنلىك تېپىپ يۈرەتتىم،
32 شۇڭا ئى باللار، ئەمدى ماڭا قۇلاق سېلىڭلار؛
چۈنكى يوللىرىمنى چىڭ تۇتقانلار نەقەدەر بەخت تاپار!
33 ئالغان نەسىھەتكە ئەمەل قىلىپ،
دانا بولغىن، ئۇنى رەت قىلما.
34 سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ،
ھەركۈنى دەرۋازىلىرىم ئالدىدىن كەتمەي،
ئىشىكلىرىم ئالدىدا مېنى كۈتىدىغان كىشى نەقەدەر بەختلىكتۇر!
35 كىمكى مېنى تاپسا ھاياتنى تاپىدۇ،
پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتىگە نېسىپ بولىدۇ.
36 لېكىن ماڭا گۇناھ قىلغان ھەركىم ئۆز جېنىغا زىيان كەلتۈرىدۇ،
مېنى يامان كۆرگەنلەر ئۆلۈمنى دوست تۇتقان بولىدۇ».

---

**27:8-29** ئايۇپ 10:26؛ يار. 11:7؛ يار. 9:1، 10؛ ئايۇپ 10:38، 11؛ زەب. 104:6-9.

**30:8** يـۇھ. 17:5

**32:8** قان. 32:8؛ زەب. 1:119، 2؛ 1:128؛ لۇقا 28:11

**35:8** پەند. 2:12

36:8 «لېكىن ماڭا گۇناھ قىلغان ھەركىم ئۆز جېنىغا زىيان كەلتۈرىدۇ، مېنى يامان

## دانالىقنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى، بۇزۇق خوتۇننىڭ سۆزلىرى

9 [1] دانالىق ئۆزىگە بىر ئۆي سېلىپ،
ئۇنىڭ يەتتە تۈۋرۈكىنى ئورناتتى.
[2] ئۇ ماللىرىنى سويۇپ،
ئېسىل شارابلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ،
زىياپەت داستىخىنىنى يايدى؛
[3] دېدەكلىرىنى مېھمان چاقىرىشقا ئەۋەتتى،
ئۆزى شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز جايلىرىدا تۇرۇپ:
[4] «ئى ساددىلار، بۇ يەرگە كېلىڭلار، ــ دەپ چاقىرىۋاتىدۇ؛
نادانلارغا:
[5] قېنى، نانلىرىمدىن ئېغىز تېگىپ،
مەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىغان شارابلاردىن ئىچىڭلار؛
[6] نادانلار قاتارىدىن چىقىپ، ھاياتقا ئېرىشىڭلار،
يورۇقلۇق يولىدا مېڭىڭلار»، ــ دەۋاتىدۇ.

[7] ھاكاۋۇرلارغا تەنبىھ بەرگۈچى ئاھانەتكە ئۇچرايدۇ،
قەبىھلەرنى ئەيىبلىگۈچى ئۆزىگە داغ كەلتۈرىدۇ.
[8] ھاكاۋۇرلارنى ئەيىبلىمە، چۈنكى ئۇ ساڭا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ؛
ھالبۇكى، دانا كىشىنى ئەيىبلىسەڭ، ئۇ سېنى سۆيىدۇ.
[9] دانا ئادەمگە دەۋەت قىلساڭ، ئەقلى تېخىمۇ تولۇق بولىدۇ؛
ھەققانىي ئادەمگە دۇرۇس يول كۆرسەتسەڭ،
بىلىمى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

---

**كۆرگەنلەر ئۆلۈمنى دوست تۇتقان بولىدۇ»** ــ بۇ 8-باب ھەمدە 9:1-12تىكى چوڭ تېما «دانالىق»تۇر. بۇ بابلاردىكى خەۋەردىن قارىغاندا، ئەمەلىيەتتە «دانالىق» بىر شەخستۇر. ئىنجىلدا بۇ شەخسنىڭ خۇدا بىلەن بىللە مەڭگۈلۈك تۇرغۇچى مەسىھ ئىكەنلىكى ئايان قىلىدۇ (مەسىلەن «يۇھ.» 1:1-4، 18، «1كور.» 1:24، 30، «فىل.» 2:5-11، «كول.» 1:15-18، «ئىبر.» 1:1-12، «1يۇھ.» 1:1-2، «ۋەھ.» 22:12-13 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ).

**3:9** پەند. 2:8

**8:9** مات. 6:7

10 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش دانالىقنىڭ باشلىنىشىدۇر،
مۇقەددەس بولغۇچىنى تونۇش يورۇقلۇقتۇر.
11 مەن دانالىق سەندە بولسام، كۈنلىرىڭنى ئۇزارتىمەن،
ئۆمرۈڭنىڭ يىللىرى كۆپىيەر.
12 سەندە دانالىق بولسا، پايدىنى كۆرىدىغان ئۆزۈڭسەن،
دانالىقنى مازاق قىلساڭ زىيان تارتىدىغانمۇ ئۆزۈڭسەن.

13 نادان خوتۇن ئاغزى بىسەرەمجان، ئەقىلسىزدۇر،
ھېچنېمە بىلمەستۇر.
14 ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ،
شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز جايلىرىدا ئورۇن ئېلىپ،
15 ئۇدۇل ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا:
16 «كىمكى ساددا بولسا، بۇ يەرگە كەلسۇن!» ــ دەۋاتىدۇ،
ۋە ئەقىلسىزلەرنى:
17 «ئوغرىلىقچە ئىچكەن سۇ تاتلىق بولىدۇ،
ئوغرىلاپ يېگەن نان تەملىك بولىدۇ!» ــ دەپ چارقىۋاتىدۇ.
18 لېكىن چاقىرىلغۇچى ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىدە ياتقانلىقىدىن بىخەۋەردۇر،
ئۇنىڭ بۇرۇنقى مېھمانلىرىنىڭ ئاللىقاچان تەھتىسارانىڭ تەگلىرىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇ سەزمەس.

---

**10:9** ئايۇپ 28:28؛ زەب. 10:111؛ پەند. 7:1
**11:9** پەند. 27:10
**13:9** پەند. 11:7
**17:9** پەند. 17:20
**18:9** **«تەھتىسارانىڭ تەگلىرى»** ــ «تەھتىسارا» (ئىبرانىي تىلىدا «شېئول») ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى قىيامەت كۈننى كۈتىدىغان يەر.
**18:9** پەند. 18:2

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

10 [1] پادىشاھ سۇلايماننىڭ پەند-نەسىھەتلىرى: ـ
دانا ئوغۇل ئاتىسىنى شاد قىلار؛
ئەقىلسىز ئوغۇل ئانىسىنى قايغۇ-ھەسرەتكە سالار.
[2] ھارام بايلىقلارنىڭ ھېچ پايدىسى بولماس؛
ھەققانىيەت ئىنساننى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرار.
[3] پەرۋەردىگار ھەققانىي ئادەمنىڭ جېنىنى ئاچ قويماس؛
لېكىن ئۇ قەبىھلەرنىڭ نەپسىنى بوغۇپ قويار.
[4] ھورۇنلۇق كىشىنى گاداي قىلار؛
ئىشچانلىق بولسا باياشات قىلار.
[5] يازدا ھوسۇلنى يىغقۇچى ـ دانا ئوغۇلدۇر؛
لېكىن ئورما ۋاقتىدا ئۇخلاپ ياتقۇچى ـ خىجالەتكە قالدۇرىدىغان ئوغۇلدۇر.
[6] بەرىكەت ھەققانىي ئادەمنىڭ بېشىغا چۈشەر؛
ئەمما زوراۋانلىق يامانلارنىڭ ئاغزىغا ئۇرار.
[7] ھەققانىي ئادەمنىڭ يادىكارى مۇبارەكتۇر؛
يامانلارنىڭ نامى بولسا، سېسىق قالار.
[8] دانا ئادەم يوليورۇق-نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلار؛
كوت-كوت، نادان كىشى ئۆز ئايىغى بىلەن يىقىلىشار.
[9] غۇبارسىز يۈرگەن كىشىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى تۇراقلىقتۇر،

---

**1:10** پەند 20:15
**2:10** پەند 4:11
**4:10** «**ھورۇنلۇق**» ـــ ئىبرانىي تىلدا: «قول بوشلۇقى». «**ئىشچانلىق**» ـــ ئىبرانىي تىلدا: «ئەستايىدىللىقنىڭ قولى».
**4:10** پەند 24:12
**6:10** «**ئەمما زوراۋانلىق يامانلارنىڭ ئاغزىغا ئۇرار**» ـــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەمما يامانلارنىڭ ئاغزى زوراۋانلىقنى يوشۇرار».
**8:10** پەند 10:10

يوللىرىنى ئەگرى قىلغاننىڭ كىرى ئاخىرى ئاشكارىلىنىدۇ.
10 كۆز ئىشارىتىنى قىلىپ يۈرىدىغانلار ئادەمنى داغدا قالدۇرار؛
كوت-كوت، نادان كىشى ئۆز ئايىغى بىلەن پۇتلىشار.
11 ھەققانىي ئادەمنىڭ ئاغزى ھاياتلىق بۇلىقىدۇر،
ئەمما زوراۋانلىق يامانىنىڭ ئاغزىنى ئۇرار.
12 ئۆچمەنلىك جېدەل قوزغار؛
مېھىر-مۇھەببەت ھەممە گۇناھلارنى ياپار.
13 ئەقىل-ئىدراكلىق ئادەمنىڭ ئاغزىدىن دانالىق تېپىلار؛
ئەقىلسىزنىڭ دۈمبىسىگە پالاق تېگەر.
14 دانا ئادەملەر بىلىملەرنى زىيادە توپلار؛
لېكىن ئەخمەقنىڭ ئاغزى ئۇنى ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرار.
15 مال-دۇنيالىرى گويا مەزمۇت شەھەردەك بايىنىڭ كاپالىتىدۇر؛
مىسكىننى ھالاك قىلىدىغان ئىش دەل ئۇنىڭ نامراتلىقىدۇر.
16 ھەققانىيلارنىڭ ئەجىرلىرى جانغا جان قوشار،
قەبىھلەرنىڭ ھوسۇلى گۇناھنىلا كۆپەيتىشتۇر.
17 نەسىھەتنى ئاڭلاپ ئۇنى ساقلىغۇچى ھاياتلىق يولىغا ماڭار؛
تەنبىھلەرنى رەت قىلغان كىشى يولدىن ئازغانلاردۇر.
18 ئاداۋەت ساقلىغان كىشى يالغان سۆزلىمەي قالماس؛
تۆھمەت چاپلىغانلار ئەخمەقتۇر.
19 گەپ كۆپ بولۇپ كەتسە، گۇناھتىن خالىي بولماس،

---

11:10 **«ھاياتلىق بۇلىقى»** — بەلكىم «ئېرەم باغچىسى»دىكى «ھاياتلىق بېرىدىغان دەرەخ»كە ئوخشىتىلغاندۇر. **«ئەمما زوراۋانلىق يامانىنىڭ ئاغزىنى ئۇرار»** — ياكى «ئەمما يامانىنىڭ ئاغزى زوراۋانلىقنى يوشۇرار».

**11:10** پەند. 6:10؛ 14:13

**12:10** 1كور. 7:13؛ 1پېت. 8:4

**13:10** پەند. 30:20

16:10 **«...گۇناھنىلا كۆپەيتىشتۇر»** — ياكى «...گۇناھنى بېكىتەر».

18:10 **«ئاداۋەت ساقلىغان كىشى يالغان سۆزلىمەي قالماس»** — ئىبرانىي تىلىدا: «ئاداۋەت ساقلىغۇچىنىڭ لەۋلىرى يالغان بولىدۇ».

لېكىن ئاغزىغا ئىگە بولغان ئەقىللىقتۇر.
20 ھەققانىي ئادەمنىڭ سۆزى خۇددى ساپ كۈمۈش؛
يامانىنىڭ ئويلىرى تولىمۇ ئەرزىمەستۇر.
21 ھەققانىي ئادەمنىڭ سۆزلىرى نۇرغۇن كىشىنى قۇۋۋەتلەر؛
ئەخمەقلەر ئەقلى كەملىكىدىن ئۆلەر.
22 پەرۋەردىگارنىڭ ئاتا قىلغان بەرىكىتى ئادەمنى دۆلەتمەن قىلار؛
ئۇ بەرىكىتىگە ھېچبىر جاپا-مۇشەققەت قوشماس.
23 ئەخمەق قەبىھلىكنى تاماشا دەپ بىلەر؛
ئەمما دانالىق يورۇتۇلغان كىشىنىڭ خۇرسەنلىكىدۇر.
24 يامان كىشى نېمىدىن قورقسا شۇنىڭغا ئۇچرار؛
ھەققانىي ئادەمنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلار.
25 يامان ئادەم قۇيۇندەك ئۆتۈپ يوقار؛
لېكىن ھەققانىي ئادەم مەڭگۈلۈك ئۇلدەكتۇر.
26 ئادەم ئاچچىق سۇ يۇتۇۋالغاندەك،
كۆزىگە ئىس-تۈتەك كىرىپ كەتكەندەك،
ھۇرۇن ئادەمنى ئىشقا ئەۋەتكەنمۇ شۇنداق بولار.
27 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلار،
يامانىنىڭ ئۆمرى قىسقارتىلار.
28 ھەققانىي ئادەمنىڭ ئۈمىدى خۇرسەنلىك ئېلىپ كېلەر؛

---

20:10 **«ھەققانىي ئادەمنىڭ سۆزى»** — ئىبرانىي تىلدا: «ھەققانىي ئادەمنىڭ تىلى». **«يامانىنىڭ ئويلىرى»** — ئىبرانىي تىلدا: «يامانىنىڭ كۆڭلى».

22:10 **«ئۇ بەرىكىتىگە ھېچبىر جاپا-مۇشەققەت قوشماس»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ۋە جاپا-مۇشەققەت ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى قوشماس».

23:10 **«يورۇتۇلغان»** — ئىبارانىي تىلدا «ئىشنى، باشقا ئادەمنى ئوبدان چۈشىنىدىغان» دېگەن مەنىدە.

23:10 پەند. 9:14

26:10 **«ئادەم ئاچچىق سۇ يۇتۇۋالغاندەك...»** — ئىبرانىي تىلدا: «ئاچچىق سۇ چىشلارغا تەگكەندەك...».

27:10 پەند. 11:9

لېكىن رەزىللىنىڭ كۆتكىنى يوققا چىقار.
29 پەرۋەردىگارنىڭ يولى دۇرۇس ياشاۋاتقانلارغا باشپاناھدۇر؛
قەبىھلىك قىلغۇچىلارغا بولسا ھالاكەتتۇر.
30 ھەققانىيلارنىڭ ئورنى مۇستەھكەمدۇر؛
يامانلار زېمىندا ئۇزۇن تۇرماس.
31 ھەققانىي ئادەمنىڭ ئاغزىدىن دانالىق چىقار؛
لېكىن شۇملۇق تىل كېسىپ تاشلىنار.
32 ھەققانىي ئادەمنىڭ سۆزى كىشىگە موك خۇشياقار؛
يامان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن شۇملۇق چىقار.

11 1 يالغان تارازا پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر؛
ئادىل جىڭ تېشى ئۇنى خۇرسەن قىلار.
2 تەكەببۇرلۇق بىلەن بىرگە شەرمەندىچىلىك ئەگىشىپ كېلەر؛
لېكىن دانالىق كىچىك پېئىللارغا ھەمراھ بولار.
3 توغرىلارنىڭ سەمىمىيلىكى ئۆزىنى يېتەكلەر؛
لېكىن كاززاپلارنىڭ ئەگرىلىكى ئۆزىنى ۋەيران قىلار.
4 خۇدانىڭ غەزەپ كۈنىدە مال-دۇنيانىڭ پايدىسى بولماس؛
لېكىن ھەققانىيەت ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزار.
5 كامىل ئادەمنىڭ ھەققانىيلىقى ئۆزىنى تۈز يولغا باشلار؛
يامان ئادەم ئۆز يامانلىقىدىن يىقىلار.
6 دۇرۇس ئادەملەرنىڭ ھەققانىيلىقى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزار؛

28:10 ئايۇپ 8:14،13؛ 11:20؛ زەب. 112:10
29:10 پەند. 13:6
1:11 لاۋ. 19:36؛ قان. 25:13؛ پەند. 16:11؛ 20:23،10
2:11 پەند. 15:33؛ 16:18؛ 18:12
3:11 پەند. 13:6
4:11 پەند. 10:2؛ ئەز. 7:19؛ زەف. 1:18

لېكىن كاززاپلار ئۆز ھىيلە-نەيرىڭىدىن تۇتۇلار.
7 رەزىل ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقار؛
گۇناھكارنىڭ ئۈمىدى ئاخىرى قۇرۇق قالار.
8 ھەققانىي ئادەم قىيىنچىلىقتىن خالىي قىلىنار؛
رەزىل ئادەم ئۇنىڭ ئورنىغا تۇتۇلار.
9 مۇناپىقلار ئۆز ئاغزى بىلەن يېقىنىنى بۇزار؛
لېكىن ھەققانىيلار بىلىمى بىلەن قۇتقۇزۇلار.
10 ھەققانىي ئادەم روناق تاپسا، شەھەر خۇش بولار؛
رەزىل ئادەم ھالاك بولسا، خەلق تەنتەنە قىلار.
11 توغرىلارنىڭ بەرىكەت تىلەشلىرى بىلەن شەھەر گۈللىنەر؛
لېكىن رەزىللەرنىڭ تىلى بىلەن ۋەيران بولار.
12 ئۆز يېقىنىنى سۆكىدىغان كىشى ــ ئەقىلسىزدۇر؛
ئەمما يورۇتۇلغان ئادەم ئاغزىنى يىغار.
13 گەپ توشۇغۇچى مەخپىيەتلەرنى ئاشكارىلار؛
سادىق ئادەم ئامانەتكە خىيانەت قىلماس.
14 يولىيورۇق كەم بولسا، ئەل-يۇرت يىقىلار؛
ئۇلۇغ بىر مەسلىھەتچى بولسا، ئەل نىجات تاپار.
15 ياتقا بورۇن بولغان كىشى زىيان تارتماي قالماس؛
قول بېرىشىپ كېپىل بولۇشنى يامان كۆرگەن كىشىنىڭ قۇلىقى تىنچ بولار.
16 شاپائەتلىك ئايال ئىززەت-ھۆرمەتنى قولدىن بەرمەس؛
زوراۋانلار بايلىقنى قولدىن بەرمەس.

7:11 **«گۇناھكارنىڭ ئۈمىدى...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى، «كۈچلۈكلەرنىڭ ئۈمىدى...».

**8:11** زەب. 19:34؛ پەند. 18:21

14:11 **«يولىيورۇق كەم بولسا...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى، «كۆپ مەسلىھەتچىلەر بولسا،...». **«...نىجات تاپار»** ــ ياكى «....بىخەتەر تۇرار».

**14:11** 1پاد. 12:1-20

15:11 **«ياتقا بورۇن بولغان كىشى زىيان تارتماي قالماس»** ــ 1:6 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

17 رەھىمدىل ئۆز-ئۆزىگە بەخت يارىتار؛
رەھىمسىز ئۆز تېنىنى ئاغرىتار.
18 يامان ئادەملەرنىڭ ئالغان ئىش ھەققى ئۇلارنى ئالدار، بەرىكەتسىز
بولار؛
ئەمما ھەققانىيەت تېرىغۇچى ئادەم ئەمەلىي ئىنئام ئالار.
19 ھەققانىيەت ئادەمگە ھاياتلىق تاپقۇزار؛
يامانلىقنى كۆزلەپ يۈرىدىغان كىشى ئۆلۈمگە يۈز تۇتار.
20 نىيىتى بۇزۇق كىشى پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر؛
ئەمما يولى دىيانەتلىك كىشىلەر ئۇنىڭ خۇرسەنلىكىدۇر.
21 قول تۇتۇشۇپ بىرلەشسىمۇ، يامانلار جازاغا تارتىلماي قالماس؛
لېكىن ھەققانىيلارنىڭ نەسلى نىجات تاپار.
22 چىرايلىق ئەمما تېتىقسىز خوتۇن،
چوشقىنىڭ تۇمشۇقىغا ئالتۇن ھالقا سالغاندەكتۇر.
23 ھەققانىيلارنىڭ ئارزۇسى پەقەت ياخشى مېۋە ئېلىپ كېلەر؛
يامانلارنىڭ كۈتكىنى غەزەپ-نەپرەتتۇر.
24 بىراۋ مەردلەرچە تارقاتسىمۇ، گۈللىنەر؛
يەنە بىراۋ بېرىشكە تېگىشلىكىنى ئايىسىمۇ، پەقەت نامراتلىشار.
25 مەرد ئادەم ئەتلىنەر؛
باشقىلارنى سۇغارغۇچى ئۆزىمۇ سۇغىرىلار.
26 ئاشلىقنى ساتماي بېسىۋالغان كىشى ئەلنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ؛
لېكىن ئاشلىقنى سېتىپ بەرگۈچىگە بەرىكەت تىلىنەر.
27 ياخشىلىقنى ئىزدەپ ئىنتىلگەن ئادەم شاپائەت تاپار؛

---

18:11 **«يامان ئادەملەرنىڭ ئالغان ئىش ھەققى ئۇلارنى ئالدار، بەرىكەتسىز بولار»** — ئىبرانىي تىلدا «يامان ئادەمنىڭ ئىش ھەققى يالغان بولار».
21:11 **«قول تۇتۇشۇپ بىرلەشسىمۇ،...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «شۈبھىسىزكى،...»
**21:11** پەند. 5:16
**25:11** زەب. 9:112؛ 2كور. 9:9

يامانلىقنى ئىزدىگەن ئادەم ئۆزى يامانلىق كۆرەر.
28 ئۆز مال-دۇنياسىغا تايانغۇچى يىقىلار؛
ھەققانىي كىشى يوپۇرماقتەك كۆكىرەر.
29 ئۆز ئۆيىگە ئازارچىلىق سالغان كىشى شامالغا مىراس بولار؛
ئەقىلسىز ئادەم ئاقىلانىنىڭ قۇلى بولۇپ قالار.
30 ھەققانىينىڭ بېرىدىغان مېۋىسى «ھاياتلىق دەرىخى»دۇر؛
دانا كىشى كۆڭۈللەرنى ھاياتلىققا مايىل قىلار.
31 قاراڭلار، ھەققانىي ئادەم بۇ دۇنيادا سەۋەنلىكى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن يەردە،
رەزىللەر بىلەن گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟!

## 12

1 كىمكى تەربىيىنى قەدىرلىسە، بىلىمنىمۇ سۆيگۈچىدۇر؛
لېكىن تەنبىھكە نەپرەتلەنگەن نادان-ھاماقەتتۇر.
2 ياخشى نىيەتلىك ئادەم پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەر؛
ئەمما پەرۋەردىگار ھىيلە-مىكىرلىك ئادەمنىڭ گۇناھىنى بېكىتەر.

---

**27:11** زەب. 7:16؛ 9:16،15؛ 10:2؛ 57:6

**28:11** زەب. 3:1، 4؛ 12:92-14

**30:11** **«ھاياتلىق دەرىخى»** ــ مۇشۇ يەردە «ھاياتلىق دەرىخى» دېگەنلىك، «ئېرەم باغچىسى»دىكى ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىزنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا تەييارلانغان دەرەخنى كۆرسىتىدۇ (3-باب 18-ئايەتنى كۆرۈڭ). **«... ھاياتلىققا مايىل قىلار»** ــ ئەينى تېكىستتە «ھاياتلىق» دېگەن سۆز يوق. لېكىن ھەققانىيلىق يولىدا خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى ئۈچۈن ئالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى خۇدانىڭ يولىغا جەلپ قىلىدۇ؛ شۇڭا تولۇق مەنىسى: «كىم دانا بولسا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى نىجات يولىغا باشلايدۇ» دەپ قارايمىز. مۇشۇ ئايەتنى «لۇقا» 10:5 بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.

**30:11** يار. 9:2؛ ياق. 19:5، 20

**31:11** **«قاراڭلار، ھەققانىي ئادەم ... بەدەل تۆلىگەن يەردە، رەزىللەر بىلەن گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟!»** ــ بۇ ئايەت ئىنجىل، «1پېت.» 18:4دە نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ.

**31:11** 1پېت. 18:4،17

3 ئادەملەر يامانلىق قىلىپ ئامانلىق تاپالماس؛
لېكىن ھەققانىيلارنىڭ يىلتىزى تەۋرەنمەس.
4 پەزىلەتلىك ئايال ئېرىنىڭ تاجىدۇر؛
ئەمما ئۇنى ئۇياتقا سالغۇچى خوتۇن ئۇنىڭ ئۇستىخىنىنى چىرىتەر.
5 ھەققانىي ئادەمنىڭ ئوي-پىكرى دۇرۇس ھۆكۈم چىقىرار؛
يامانلارنىڭ نەسىھەتلىرى مەككارلىقتۇر.
6 يامانلارنىڭ سۆزلىرى قان تۆكىدىغان قىلتاقتۇر؛
لېكىن دۇرۇسنىڭ سۆزى ئادەمنى قىلتاقتىن قۇتۇلدۇرار.
7 يامانلار ئاغدۇرۇلۇپ، يوقىلار؛
لېكىن ھەققانىيلارنىڭ ئۆيى مەزمۇت تۇرار.
8 ئادەم ئۆز زېرىكلىكى بىلەن ماختاشقا سازاۋەر بولار؛
ئەگرى نىيەتلىك كىشى كۆزگە ئىلىنماس.
9 پېقىر تۇرۇپ خىزمەتكارى بار كىشى،
ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ئاچ يۈرگەن كىشىدىن ياخشىدۇر.
10 ھەققانىي ئادەم ئۆز ئۇلىغىنىمۇ ئاسرار؛
ئەمما رەزىل ئادەمنىڭ بولسا ھەتتا رەھىمدىللىقىمۇ زالىملىقتۇر.
11 تىرىشىپ تېرىقچىلىق قىلغان دېھقاننىڭ قورسىقى توق بولار؛
ئەمما خام خىياللارغا بېرىلگەن كىشىنىڭ ئەقلى يوقتۇر.
12 يامان ئادەم يامانلىق قىلتىقىنى كۆزلەپ ئولتۇرار؛

---

**3:12** پەند. 25:10

**4:12** 1كور. 7:11

5:12 **«...ئوي-پىكرى دۇرۇس ھۆكۈم چىقىرار»** — ياكى: «...ئوي-پىكرى دۇرۇستۇر».

**6:12** پەند. 1:18،11؛ 9:11

7:12 **«يامانلار ئاغدۇرۇلۇپ، يوقىلار»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «يامانلار ئاغدۇرۇلغاندا، يوقىلار».

**7:12** زەب. 36:37-40؛ پەند. 21:11

**9:12** پەند. 7:13

**10:12** قان. 4:25

**11:12** پەند. 19:28

ئەمما ھەققانىي ئادەمنىڭ يىلتىزى مېۋە بېرىپ تۇرار.
13 يامان ئادەم ئۆز ئاغزىنىڭ گۇناھىدىن تۇتۇلار؛
ھەققانىي ئادەم مۇشەققەت-قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلار.
14 ئادەم ئۆز ئاغزىنىڭ مېۋىسىدىن قانائەت تاپار؛
ئۆز قولى بىلەن قىلغانلىرىدىن ئۇنىڭغا ياندۇرۇلار.
15 ئەخمەق ئۆز يولىنى توغرا دەپ بىلەر؛
ئەمما دەۋەتكە قۇلاق سالغان كىشى ئاقىلانىدۇر.
16 ئەخمەقنىڭ ئاچچىقى كەلسە، تېزلا بىلىنەر؛
زېرەك كىشى ھاقارەتكە سەۋر قىلار، سەتچىلىكنى ئاشكارىلىماس.
17 ھەقىقەتنى ئېيتقان كىشىدىن ئادالەت بىلىنەر؛
يالغان گۇۋاھلىق قىلغۇچىدىن ئالدامچىلىق بىلىنەر.
18 بەزىلەرنىڭ يېنىكلىك بىلەن ئېيتقان گېپى ئادەمگە سانجىلغان
قىلىچقا ئوخشار؛
بىراق ئاقىلانىنىڭ تىلى دەردكە دەرماندۇر.
19 راستچىل مەڭگۈ تۇرغۇزۇلىدۇ؛
لەۋزى يالغان بولسا بىردەملىكتۇر.
20 يامانلىقنىڭ كويىدا يۈرگۈچىنىڭ كۆڭلىدە ھىيلە ساقلانغاندۇر؛
ئامانلىقنى دەۋەت قىلغۇچىلار خۇشاللىققا چۆمەر.

---

13:12 **«يامان ئادەم ئۆز ئاغزىنىڭ گۇناھىدىن تۇتۇلار»** — ياكى «ئېغىزدىكى ئىتائەتسىزلىكتىن رەزىل بىر تۇزاق چىقار».

**13:12** پەند. 14:10؛ 7:18

**14:12** پەند. 2:13

**15:12** پەند. 7:3

16:12 **«... ھاقارەتكە سەۋر قىلار، سەتچىلىكنى ئاشكارىلىماس»** — ئىبرانىي تىلدا بۇ ئىككى ئىبارە «ئىككى بىسلىق» بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلەنگەن.

**17:12** پەند. 5:14

**18:12** زەب. 4:57؛ 7:59؛ پەند. 27:16

19:12 **«راستچىل»** — ئىبرانىي تىلدا «ھەقىقەتنىڭ لېۋى». **«لەۋزى يالغان بولسا بىردەملىكتۇر»** — ئىبرانىي تىلدا «يالغانچى تىل بولسا بىردەملىكتۇر».

21 ھەققانىي ئادەمنىڭ بېشىغا ھېچ كۆلپەت چۈشمەس؛
قەبىھلەر بالايىقازاغا چۆمۈلەر.
22 يالغان سۆزلەيدىغاننىڭ لەۋلىرى پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر؛
لېكىن لەۋزىدە تۇرغانلارغا ئۇ ئاپىرىن ئېيتار.
23 پەملىك ئادەم بىلىمىنى يوشۇرار؛
بىراق ئەخمەق نادانلىقىنى جاكارلار.
24 تىرىشچان قول ھوقۇق تۇتار؛
ھۇرۇن قول ئالۋانغا تۇتۇلار.
25 كۆڭۈلنىڭ غەم-ئەندىشىسى كىشىنى مۈكچەيتەر؛
لېكىن مېھرىبانە بىر سۆز كىشىنى روھلاندۇرار.
26 ھەققانىي كىشى ئۆز دوستى بىلەن بىرگە يول ئىزدەر؛
بىراق يامانلارنىڭ يولى ئۆزلىرىنى ئاداشتۇرار.
27 ھۇرۇن ئۆزى تۇتقان ئوۋنى پىشۇرۇپ يېيەلمەس؛
بىراق ئەتىۋارلىق بايلىقلار تىرىشچانغا مەنسۇپتۇر.
28 ھەققانىيلىقنىڭ يولىدا ھايات تېپىلار؛
شۇ يولدا ئۆلۈم كۆرۈنمەستۇر.

# 13

1 دانا ئوغۇل ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل قويار؛
مەسخىرە قىلغۇچى تەنبىھكە قۇلاق سالماس.
2 ئادەم دۇرۇس ئېغىزىنىڭ مېۋىسىدىن ھۇزۇرلىنار؛

23:12 پەند. 16:13؛ 2:15
24:12 پەند. 4:10
25:12 پەند. 13:15
26:12 **«ھەققانىي كىشى ئۆز دوستى بىلەن بىرگە يول ئىزدەر»** ــ باشقا خىل تەرجىمىلىرى: «ھەققانىي كىشى ئۆز دوستىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تەكشۈرەر»، «ھەققانىي كىشى دوست تۇتۇشتا سەگەك بولار» ياكى «ھەققانىي كىشى ئۆز دوستىغا يول كۆرسىتەر».
27:12 **«بىراق ئەتىۋارلىق بايلىقلار تىرىشچانغا مەنسۇپتۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىراق تىرىشچان كىشى ئۆز تەئەللۇقاتىنى ئەتىۋارلايدۇ».

تۇزكورلار زوراۋانلىقۇا ھەۋەس قىلىپ زوراۋانلىققا ئۇچرار.
3 سۆزدە ئېھتىياتچان كىشى جېنىنى ساقلاپ قالار؛
ئاغزى ئىتتىك ھالاكەتكە ئۇچرار.
4 ھۇرۇننىڭ ئارزۇ-تىلىكى بار، لېكىن ئېرىشەلمەس؛
لېكىن تىرىشچان ئەتلىنەر.
5 ھەققانىي ئادەم يالغانچىلىقتىن يىرگىنەر؛
قەبىھ بولسا سېسىپ، شەرمەندە بولار.
6 يولى دۇرۇسنى ھەققانىيەت قوغدار؛
لېكىن گۇناھكارنى رەزىللىك يىقىتار.
7 بەزىلەر ئۆزىنى باي كۆرسەتكىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قۇرۇق سۆلەتتۇر؛
بەزىلەر ئۆزىنى يوقسۇل كۆرسەتكىنى بىلەن زور بايلىقلىرى باردۇر.
8 ئۆز بايلىقى گۆرۈگە تۇتۇلغان باينىڭ جېنىغا ئارا تۇرار؛
بىراق يوقسۇللار ھېچ ۋەھىمىنى ئاڭلىماس.
9 ھەققانىي ئادەمنىڭ نۇرى شادلىنىپ پارلار؛
بىراق يامان ئادەمنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلەر.
10 كىبىرلىكتىن پەقەت جېدەل-ماجىرالا چىقار؛
دانالىق بولسا نەسىھەتنى ئاڭلىغانلار بىلەن بىللىدۇر.
11 ئىشلىمەي تاپقان هارام بايلىق بەرىكەتسىزدۇر؛
تەر تۆكۈپ ھالال تاپقان گۈللىنەر.
12 تەلمۈرگىنىگە كۈتۈپ ئېرىشەلمەسلىك كۆڭۈلنى سۇنۇق قىلار،
لېكىن تەشنالىقتا ئېرىشكىنى «ھاياتلىق دەرىخى»دۇر.

**2:13** پەند. 14:12

**6:13** پەند. 29:10؛ 3:11، 5، 6

**7:13** پەند. 9:12

**9:13** ئايۇپ 5:18، 6؛ 17:21؛ پەند. 18:4

**11:13** پەند. 2:10؛ 21:20

12:13 **«ھاياتلىق دەرىخى»** — «ئېرەم باغچىسى»دىكى، ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىزنىڭ بەھرىمان بولۇشىغا تەييارلانغان دەرەخنى كۆرسىتىدۇ (18:3نى كۆرۈڭ).

**12:13** پەند. 19:13

13 خۇدانىڭ كالام-سۆزىگە پىسەنت قىلمىغان ئادەم گۇناھىنىڭ تۆلىمىگە قەرزدار بولار؛
لېكىن پەرمانىنى قەدىرلىگەن ئادەم ياخشىلىق كۆرەر.
14 ئاقىلانىنىڭ تەلىمى ھاياتلىق بەرگۈچى بۇلاقتۇر،
ئۇ سېنى ئۆلۈم تۇزاقلىرىدىن قۇتۇلدۇرار.
15 ئاقىلانىلىك ئادەمنى ئىلتىپاتقا ئېرىشتۈرەر؛
بىراق تۇزكورلارنىڭ يولى ئەگرى-بۈگرى، جاپالىق بولار.
16 پەم-پاراسەتلىك ئادەم بىلىمى بىلەن ئىش كۆرەر؛
ھاماقەت ئۆز نادانلىقىنى ئاشكارىلار.
17 رەزىل ئالاقىچى بالا-قازاغا ئۇچرار؛
سادىق ئەلچى بولسا دەردكە دەرماندۇر.
18 تەربىيەنى رەت قىلغان ئادەم نامراتلىشىپ ئۇياتقا قالار؛
ئەمما تەنبىھنى قوبۇل قىلغان ھۆرمەتكە ئېرىشەر.
19 ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ كىشىگە شېرىن تۇيۇلار؛
لېكىن ئەخمەقلەر يامانلىقنى تاشلاشنى يامان كۆرەر.
20 ئاقىلانىلەر بىلەن بىللە يۈرگەن دانا بولار؛
بىراق ئەخمەقلەرگە ھەمراھ بولغان نالە-پەريادتا قالار.
21 بالايىقازا گۇناھكارلارنىڭ كەينىدىن بېسىپ ماڭار؛
لېكىن ھەققانىيلار ياخشىلىقنىڭ ئەجرىنى تاپار.
22 ياخشى ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە مىراس قالدۇرار؛
گۇناھكارلارنىڭ يىغقان مال-دۇنيالىرى ھەققانىيلار ئۈچۈن توپلىنار.
23 يوقسۇلنىڭ تاشلاندۇق يېرى مول ھوسۇل بېرەر،
لېكىن ئادالەتسىزلىكتىن ئۇ ۋەيران بولار.

---

**14:13** پەند. 11:10؛ 27:14

**16:13** پەند. 23:12؛ 2:15

**20:13** «...**نالە-پەريادتا قالار**» ــ ياكى «...زىيان تارتار».

**22:13** ئايۇپ 29:15؛ 17:27

**23:13** پەند. 11:12؛ 9:18

24 تاياقنى ئايىغان كىشى ئوغلىنى ياخشى كۆرمەس؛
بالىنى سۆيگەن كىشى ئۇنى ئەستايىدىل تەربىيىلەپ جازالار.
25 ھەققانىي ئادەم كۆڭلى قانائەت تاپقۇچە ئوزۇق يەر؛
يامانىنىڭ قورسىقى ئاچ قالار.

14 1 ھەربىر دانا ئايال ئۆز ئائىلىسىنى ئاۋات قىلار؛
ئەخمەق ئايال ئائىلىسىنى ئۆز قولى بىلەن ۋەيران قىلار.
2 دۇرۇسلۇق يولىدا ماڭىدىغان كىشى پەرۋەردىگاردىن قورقار؛
قىڭغىر يولدا ماڭغان كىشى خۇدانى كۆزگە ئىلماس.
3 ئەخمەقنىڭ تەكەببۇر ئاغزى ئۆزىگە تاياق بولار؛
ئاقىلانىنىڭ لەۋلىرى ئۆزىنى قوغدار.
4 ئۇلاغ بولمىسا، ئېغىل پاك-پاكىز تۇرار؛
بىراق ئۆكۈزنىڭ كۈچى بولغاندىلا ساڭغا ئاشلىق تولار.
5 ئىشەنچلىك گۇۋاھچى يالغان ئېيتماس؛
ساختا گۇۋاھچى يالغان گەپنى نەپەستەك تىنار.
6 ھاكاۋۇرلار دانالىق ئىزدەپ تاپالماس؛
بىراق يورۇتۇلغان ئادەمگە بىلىم ئېلىش ئاسانغا چۈشەر.
7 بىراۋنىڭ ئاغزىدا بىلىم يوقلۇقىنى بىلىپ يەتكەندە،
ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى نېرى تارت.
8 ئەقىل-پاراسەتلىك كىشىنىڭ دانالىقى ئۆز يولىنى ئويلىنىشتىدۇر؛
ئەخمەقلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكى بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنىشىدۇر.

---

24:13 پەند. 13:23

1:14 «...ئۆز ئائىلىسىنى ئاۋات قىلار» ــ ئىبرانىي تىلدا «...ئۆز ئائىلىسىنى قۇرار».

2:14 ئايۇپ 4:12

4:14 «ئۇلاغ بولمىسا، ئېغىل پاك-پاكىز تۇرار...» ــ ئېغىلنىڭ سىپسىقلىقى تۇپەيلىدىن ئېغىلدىكى ئۇلاغلارنى چىقىرىۋېتىش تولىمۇ ئەخمەقانىلىك، ئەلۋەتتە.

5:14 مىس. 1:23؛ پەند. 17:12

6:14 «ھاكاۋۇرلار» ــ ياكى «مەسخىرە قىلغۇچىلار».

[9] ئەخمەقلەر بولسا «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى»نى كۆزگە ئىلمايدۇ،
ھەققانىيلار ئارىسىدا بولسا ئىلتىپات تېپىلار.
[10] كۆڭۈلدىكى دەردنى پەقەت ئۆزىلا كۆتۈرەلەر؛
كۆڭۈلدىكى خۇشلۇققىمۇ باشقىلار شېرىك بولالماس.
[11] يامانىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشەر؛
ھەققانىي ئادەمنىڭ چېدىرى گۈللىنىپ كېتەر.
[12] ئادەم بالىسىغا توغرىدەك كۆرۈنىدىغان بىر يول بار،
لېكىن ئاقىۋىتى ھالاكەتكە بارىدىغان يوللاردۇر.
[13] ئويۇن-كۈلكە بولسا قەلبتىكى غەم-قايغۇنى ياپار،
خۇشاللىق ئۆتۈپ كەتكەندە، غەم-قايغۇ يەنىلا قالار.
[14] توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ يانغان ئادەم ھامان ئۆز يولىدىن تويار؛
ياخشى ئادەم ئۆز ئىشىدىن قانائەتلىنەر.
[15] ساددىلار ھەممە گەپكە ئىشىنىپ كېتەر؛
لېكىن پەم-پاراسەتلىك كىشى ھەربىر قەدەمنى ئاۋايلاپ باسار.
[16] دانا ئادەم ئېھتىياتچان بولۇپ ئاۋارىچىلىكتىن نېرى كېتەر؛
ئەخمەق ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئۆزىگە ئىشىنىپ ئالدىغا ماڭار.
[17] تېرىككەك ئەخمەقلىق قىلار؛
نەيرەڭۋاز ئادەم نەپرەتكە ئۇچرار.

---

**9:14** **«ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان «مۇقەددەس قانۇن»غا ئاساسەن، بىرسى باشقىلارغا گۇناھ قىلىپ زىيان يەتكۈزگەن بولسا، خۇدادىن كەچۈرۈم ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال زىيان تارتقۇچىغا شۇ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاز دېگەندە ئىككى ھەسسە تۆلەم بېرىپ، ئاندىن ئىتائەتسىزلىكى ئۈچۈن قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى («ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى»نى) ئىبادەتخانىدا خۇداغا ئاتاپ بېرىشى كېرەك ئىدى.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئەخمەقلەر ئىتائەتسىزلىككە نىسبەتەن يېنىكلىك بىلەن كۈلۈپ قويىدۇ».

**12:14** پەند. 25:16

**13:14** پەند. 4:5

**14:14** پەند. 31:1

**16:14** **«ئاۋارىچىلىكتىن»** ــ ياكى «يامانلىقتىن».

18 ساددىلار ئەخمەقلىقتا ۋارىسلىق قىلار؛
پەم-پاراسەتلىكلەر بىلىمنى ئۆز تاجى قىلار.
19 يامانلار ياخشىلارنىڭ ئالدىدا ئېگىلەر؛
قەبىھلەر ھەققانىيىنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا باش ئۇرار.
20 نامرات كىشى ھەتتا ئۆز يېقىنىغىمۇ يامان كۆرۈنەر.
باينىڭ دوستى بولسا كۆپتۇر.
21 يېقىنىنى پەس كۆرگەن گۇناھكاردۇر؛
لېكىن مىسكىنلەرگە رەھىم قىلغان بەرىكەت تاپار.
22 يامانلىق ئويلىغانلار يولدىن ئاداشقانلاردىن ئەمەسمۇ؟
بىراق ياخشىلىق ئويلىغانلار رەھىم-شەپقەت، ھەقىقەت-سادىقلىققا
مۇيەسسەر بولار.
23 ھەممە مېھنەتتىن پايدا چىقار؛
بىراق قۇرۇق پاراڭلار ئادەمنى موھتاجلىقتا قالدۇرار.
24 ئاقىلانىلەر ئۈچۈن بايلىقلار بىر تاجدۇر؛
ئەخمەقلەرنىڭ نادانلىقىدىن پەقەت يەنە شۇ نادانلىقلا چىقار.
25 ھەققانىي گۇۋاھلىق بەرگۈچى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزار؛
يالغان-ياۋىداق سۆزلەيدىغان گۇۋاھچى يالغان گەپنى نەپەستەك تىنار.
26 پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغاننىڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى بار،
ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ ھىمايىگە ئىگە بولار.
27 پەرۋەردىگاردىن قورقۇش ھاياتنىڭ بۇلىقىدۇر؛
ئۇ كىشىنى ئەجەللىك تۇزاقلاردىن قۇتقۇزار.
28 پادىشاھنىڭ شان-شەرىپى پۇقراسىنىڭ كۆپلىكىدىندۇر؛
پۇقراسىنىڭ كەملىكى ئەمىرنىڭ ھالاكىتىدۇر.
29 ئېغىر-بېسىق كىشى ئىنتايىن ئاقىل كىشىدۇر؛

---

**20:14** پەند. 4:19، 7

**22:14** لۇقا 38:6

27:14 **«ھاياتنىڭ بۇلىقى»** ــ 13:14نىمۇ كۆرۈڭ.

**27:14** پەند. 11:10؛ 14:13

چېچىلغاق ئەخمەقلىقنى ئۆلۈغلار.
30 خاتىرجەم كۆڭۈل تەننىڭ ساقلىقىدۇر؛
ھەسرەت چېكىش بولسا سۆڭەكلەرنى چىرىتار.
31 مىسكىننى بوزەك قىلغۇچى ــ پەرۋەردىگارغا ھاقارەت قىلغۇچىدۇر؛
ھاجەتمەنلەرگە شاپائەت قىلىش ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر.
32 يامان ئۆز يامانلىقى ئىچىدە يىقىتىلار؛
ھەققانىي ئادەم ھەتتا سەكراتتا ياتقاندىمۇ خاتىرجەم بولار.
33 يورۇتۇلغان كىشىنىڭ كۆڭلىدە دانالىق ياتار؛
بىراق ئەخمەقنىڭ كۆڭلىدىكىسى ئاشكارا بولماي قالماس.
34 ھەققانىيەت ھەرقايسى ئەلنى يۇقىرى كۆتۈرەر؛
گۇناھ ھەرقانداق مىللەتنى نومۇسقا قالدۇرار.
35 پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتى ئەقىللىق خىزمەتكارنىڭ بېشىغا چۈشەر؛
بىراق ئۇنىڭ غەزىپى نومۇستا قالدۇرغۇچى ئۇياتسىز خىزمەتكارنىڭ
بېشىغا چۈشەر.

# 15

1 مۇلايىم جاۋاب غەزەپنى باسار؛
قوپال سۆز ئاچچىقنى قوزغار.
2 ئاقىلانىلەرنىڭ تىلى بىلىمنى جارى قىلار؛
ئەخمەقنىڭ ئاغزى قۇرۇق گەپ تۆكەر.

---

**31:14** پەند. 21:14؛ 5:17

**32:14** **«يامان ئۆز يامانلىقى ئىچىدە يىقىتىلار؛ ھەققانىي ئادەم ... خاتىرجەم بولار»** ــ تولۇق ئايەتنىڭ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «كۈلپەت كەلگەندە، يامان ئادەم ھەيدىۋېتىلىدۇ؛ بىراق ھەققانىي ئادەم سەكراتتا ياتقاندىمۇ پاناھلىق بولار».

**33:14** پەند. 14:10؛ 23:12؛ 16:13

**35:14** **«نومۇستا قالدۇرغۇچى ئۇياتسىز خىزمەتكار...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «نومۇستا قالدۇرغۇچى» ۋە «ئۇياتسىز» دېگەن ئىككى ئىبارە بىرلا ئىككى بىسلىق سۆز بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ.

**1:15** پەند. 15:25

**2:15** پەند. 23:12؛ 16:13؛ 28:15

[3] پەرۋەردىگارنىڭ كۆزى ھەر يەردە يۈرەر؛
ياخشى-يامانلارنى كۆرۈپ تۇرار.
[4] شىپا يەتكۈزگۈچى تىل خۇددى بىر «ھاياتلىق دەرىخى»دۇر؛
تىلى ئەگرىلىك كىشىنىڭ روھىنى سۇندۇرار.
[5] ئەخمەق ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىگە پىسەنت قىلماس؛
لېكىن ئاتىسىنىڭ تەنبىھىگە قۇلاق سالغان زېرەك بولار.
[6] ھەققانىينىڭ ئۆيىدە گۆھەرلەر كۆپتۇر؛
بىراق يامانىنىڭ تاپاۋىتى ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تاپار.
[7] دانانىڭ لەۋلىرى بىلىم تارقىتار؛
ئەخمەقنىڭ كۆڭلىدىن ھېچ بىلىم چىقماس.
[8] يامانلارنىڭ قۇربانلىقى پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر؛
دۇرۇسلارنىڭ دۇئاسى ئۇنىڭ خۇرسەنلىكىدۇر.
[9] يامانلارنىڭ يولى پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر؛
لېكىن ھەققانىيەتنى ئىنتىلىپ ئىزدىگۈچىنى ئۇ ياخشى كۆرەر.
[10] توغرا يولدىن چىققانلار ئازابلىق تەربىيىنى كۆرەر؛
تەنبىھكە ئۆچ بولغۇچى ئۆلەر.
[11] تەھتىسارا ۋە ھالاكەت پەرۋەردىگارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇق تۇرغان يەردە،
ئىنسان كۆڭلىدىكى ئوي-پىكىرنى قانداقمۇ ئۇنىڭدىن يوشۇرالىسۇن؟!
[12] ھاكاۋۇر تەنبىھ بەرگۈچىنى ياقتۇرماس؛

---

3:15 **«ياخشى-يامانلار...»** — ئىبرانىي تىلدا «يامان-ياخشىلار» دېگەنلىك بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ
**3:15** ئايۇپ 21:34؛ پەند. 21:5؛ يەر. 17:16؛ 19:32
4:15 **«شىپا يەتكۈزگۈچى تىل»** — ياكى «مېھرىبان تىل». **«ھاياتلىق دەرىخى»** — 18:3-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
**4:15** پەند. 18:12؛ 14:13
**8:15** پەند. 27:21؛ يەش. 11:1؛ يەر. 20:6؛ ئام. 21:5
11:15 **«تەھتىسارا»** — ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ.
**11:15** 2تار. 30:6؛ زەب. 9:7؛ 20:44-21؛ يەر. 9:17، 10؛ يۇھ. 2:24، 25؛ 17:21؛ روس. 24:1

ئۇ ئاقىلانىلەردىن نەسىھەت ئېلىشقا بارماس.
13 كۆڭۈل شاد بولسا، خۇش چىراي بولار؛
دەرد-ئەلەم تارتسا، روھى سۇنار.
14 يورۇتۇلغان كۆڭۈل بىلىمنى ئىزدەر؛
ئەقىلسىزنىڭ ئاغزى نادانلىقنى ئوزۇق قىلار.
15 ئېزىلگەنلەرنىڭ ھەممە كۈنلىرى تەستە ئۆتەر؛
بىراق شاد كۆڭۈل ھەركۈننى ھېيتتەك ئۆتكۈزەر.
16 زور بايلىق بىلەن بىئاراملىق تاپقاندىن،
ئازغا شۈكۈر قىلىپ، پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنگەن ئەۋزەل.
17 نەپرەت ئىچىدە يېگەن بورداق گۆشتە قىلىنغان
كاتتا زىياپەتتىن،
مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە يېگەن كۆكتات ئەۋزەل.
18 تېرىككەك كىشى جېدەل چىقىرار؛
ئېغىر-بېسىق تالاش-تارتىشلارنى تىنچلاندۇرار.
19 ھۇرۇننىڭ يولى تىكەنلىك قاشادۇر،
دۇرۇس ئادەمنىڭ يولى كۆتۈرۈلگەن يولدەك داغدامدۇر.
20 دانا ئوغۇل ئاتىسىنى شاد قىلار؛
ئەقىلسىز ئادەم ئانىسىنى كەمسىتەر.
21 ئەقلى يوق كىشى ئەخمەقلىقى بىلەن خۇشتۇر؛
يورۇتۇلغان كىشى يولىنى توغرىلاپ ماڭار.
22 مەسلىھەتسىز ئىش قىلغاندا نىشانلار ئەمەلگە ئاشماس؛

12:15 **«ھاكاۋۇر»** ــ ياكى «مەسخىرە قىلغۇچى».
**13:15** پەند. 22:17؛ 14:18
**16:15** زەب. 16:37؛ پەند. 8:16
**17:15** پەند. 1:17
**18:15** پەند. 25:28؛ 22:29
**20:15** پەند. 1:10
**21:15** پەند. 23:10؛ 9:14

مەسلىھەتچى كۆپ بولغاندا مۇددىئالار ئەمەلگە ئاشۇرۇلار.
23 كىشىگە جايىدا بەرگەن جاۋابىدىن خۇش بولار،
دەل ۋاقتىدا قىلغان سۆز نەقەدەر ياخشىدۇر!
24 ھاياتلىق يولى ئەقىللىق كىشىنى يۇقىرىغا باشلايدۇكى،
ئۇنى چوڭقۇر تەھتىسارادىن قۇتقۇزار.
25 پەرۋەردىگار تەكەببۇرنىڭ ئۆيىنى يۇلۇۋېتەر؛
بىراق ئۇ تۇل خوتۇنلارغا پاسىللارنى تۇرغۇزار.
26 يامانلارنىڭ ئوي-پىكرى پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر؛
بىراق ساپ دىلنىڭ سۆزلىرى سۆيۈملۈكتۇر.
27 ئاچ كۆز كىشى ئۆز ئائىلىسىگە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرەر؛
پارا ئېلىشقا نەپرەتلەنگەن كىشى كۈن كۆرەر.
28 ھەققانىي ئادەم قانداق جاۋاب بېرىشتە قايتا-قايتا ئويلىنار؛
يامان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن شۇملۇق تۆكۈلەر.
29 پەرۋەردىگار يامان ئادەمدىن يىراقتۇر؛
بىراق ئۇ ھەققانىينىڭ دۇئاسىنى ئاڭلار.
30 خۇش كۆزلەر كۆڭۈلنى شادلاندۇرار؛
خۇش خەۋەر ئۇستىخانلارغا گۆش-ماي قوندۇرار.
31 ھاياتلىققا ئېلىپ بارىدىغان تەنبىھكە قۇلاق سالغان كىشى دانالارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالار.
32 تەربىيەنى رەت قىلغان ئۆز جېنىنى خار قىلار؛
تەنبىھكە قۇلاق سالغان يورۇتۇلار.

---

**22:15** پەند. 14:11
**24:15** **«تەھتىسارا»** ــ ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارغان جاينى كۆرستىدۇ.
**25:15** پەند. 21،22:2؛ 7:12؛ 11:14
**26:15** **«ئوي-پىكرى»** ــ ياكى «پىلانلىرى».
**26:15** پەند. 18:6
**27:15** پەند. 19:1
**29:15** زەب. 17:10؛ 19-15:34؛ 18:145، 19
**30:15** پەند. 25:25

33 پەرۋەردىگاردىن قورقۇش ئادەمگە دانالىق ئۆگىتەر؛
ئاۋۋال كەمتەرلىك بولسا، ئاندىن شۆھرەت كېلەر.

16 1 كۆڭۈلدىكى نىيەتلەر ئىنسانغا تەۋەدۇر؛
بىراق تىلنىڭ جاۋابى پەرۋەردىگارنىڭ ئىلكىدىدۇر.
2 ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەممە قىلغان ئىشىنى پاك دەپ بىلەر؛
لېكىن قەلبىدىكى نىيەتلەرنى پەرۋەردىگار تارازىغا سېلىپ تارتىپ
كۆرەر.
3 نىيەت قىلغان ئىشلىرىڭنى پەرۋەردىگارغا تاپشۇرغىن،
شۇنداق قىلغاندا پىلانلىرىڭ پىشىپ چىقار.
4 پەرۋەردىگار بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەربىرىنى مەلۇم مەقسەت بىلەن
ئاپىرىدە قىلغان؛
ھەتتا يامانلارنىمۇ بالايىئاپەت كۈنى ئۈچۈن ياراتقاندۇر.
5 تەكەببۇرلۇقتا تولغان كۆڭۈللەرنىڭ ھەربىرى پەرۋەردىگارغا
يىرگىنچلىكتۇر؛
قول تۇتۇشۇپ بىرلەشسىمۇ، جازاسىز قالماس.
6 مۇھەببەت-شەپقەت ۋە ھەقىقەت بىلەن گۇناھلار كەفارەت قىلىنىپ
يېپىلار؛
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش ئادەملەرنى يامانلىقتىن خالىي قىلار.

---

**33:15** پەند. 1:7؛ 9:10؛ 18:12
**16:1** پەند. 16:1؛ 19:21؛ 20:24؛ يەر. 10:23
2:16 **«قەلبىدىكى نىيەتلەر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «(ئادەملەرنىڭ) روھلىرى» دېيىلىدۇ.
**16:2** پەند. 21:2
**16:3** زەب. 37:5؛ 55:22؛ مات. 6:25؛ لۇقا 12:22؛ 1پېت. 5:7
**16:4** ئايۇپ 21:30
5:16 **«قول تۇتۇشۇپ بىرلەشسىمۇ،...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى،...».
**16:5** پەند. 6:17؛ 8:13؛ 11:21
6:16 **«...گۇناھلار كەفارەت قىلىنىپ يېپىلار»** ــ تەۋرات دەۋرىدە، گۇناھلار قۇربانلىقلار

7 ئادەمنىڭ ئىشلىرى پەرۋەردىگارنى خۇرسەن قىلسا،
ئۇ ھەتتا دۈشمەنلىرىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىناقلاشتۇرار.
8 ھالال ئالغان ئاز،
ھارام ئالغان كۆپتىن ئەۋزەلدۇر.
9 ئىنسان كۆڭلىدە ئۆز يولىنى توختىتار؛
ئەمما قەدەملىرىنى توغرىلايدىغان پەرۋەردىگاردۇر.
10 ھەتتا پادىشاھنىڭ لەۋلىرىگە قارىتىپ ئەپسۇن ئوقۇلسىمۇ،
ئۇنىڭ ئاغزى توغرا ھۆكۈمدىن چەتنىمەس.
11 ئادىل تارازا-مىزانلار پەرۋەردىگارغا خاستۇر؛
تارازا تاشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ياسىغاندۇر.
12 پادىشاھ رەزىللىك قىلسا يىرگىنچلىكتۇر،
چۈنكى تەخت ھەققانىيەت بىلەنلا مەھكەم تۇرار.
13 ھەققانىي سۆزلىگەن لەۋلەر پادىشاھلارنىڭ خۇرسەنلىكىدۇر؛
ئۇلار دۇرۇس سۆزلىگۈچىلەرنى ياخشى كۆرەر.
14 پادىشاھنىڭ قەھرى گويا ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر؛
بىراق دانا كىشى ئۇنىڭ غەزىپىنى تىنچلاندۇرار.
15 پادىشاھنىڭ چىرايىنىڭ نۇرى كىشىگە جان كىرگۈزەر؛

---

ئارقىلىق «يىپىلىپ كەچۈرۈم قىلىندى» (يەنى، «كەفارەت قىلىندى»). ئىنجىل دەۋرىگە كەلگەندىلا، گۇناھلار «ئېلىپ تاشلاندى» (مەسىلەن، «يۇھ.» 29:1).

**8:16** زەب. 16:37؛ پەند. 16:15

**10:16 «ھەتتا پادىشاھنىڭ لەۋلىرىگە قارىتىپ ئەپسۇن ئوقۇلسىمۇ، *ئۇنىڭ ئاغزى توغرا ھۆكۈمدىن چەتنىمەس»** ــ يەنە ئىككى خىل تەرجىمىسى بار: (1) «پادىشاھنىڭ لەۋلىرىدە پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھيى بولسا، ئۇنىڭ ئاغزى توغرا ھۆكۈمدىن چەتنىمەس»؛ (2) «پادىشاھنىڭ لەۋلىرى ۋەھيگە قاراپ سۆزلەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئاغزى توغرا ھۆكۈمدىن چەتنىمەسلىكى كېرەك».

**11:16** لاۋ. 36:19؛ قان. 13:25-16؛ پەند. 1:11؛ 10،23:20

**14:16** پەند. 12:19؛ 2:20

ئۇنىڭ شەپقىتى ۋاقتىدا ياغقان «كېيىنكى يامغۇر»دۇر.
[16] دانالىق ئېلىش ئالتۇن ئېلىشتىن نەقەدەر ئەۋزەلدۇر؛
يورۇتۇلۇشنى تاللاش كۈمۈشنى تاللاشتىن شۇنچە ئۈستۈندۇر!
[17] دۇرۇس ئادەمنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن يولى يامانلىقتىن ئايرىلىشتۇر؛
ئۆز يولىغا ئېھتىيات قىلغان كىشى جېنىنى ساقلاپ قالار.
[18] مەغرۇرلۇق ھالاك بولۇشتىن ئاۋۋال كېلەر،
تەكەببۇرلۇق يىقىلىشتىن ئاۋۋال كېلەر.
[19] كەمتەر بولۇپ مىسكىنلەر بىلەن باردى-كەلدىدە بولۇش،
تەكەببۇرلار بىلەن ھارام مال بۆلۈشكەندىن ئەۋزەلدۇر.
[20] كىمكى ئىشنى پەم-پاراسەت بىلەن قىلسا پايدا تاپار؛
پەرۋەردىگارغا تايانغان بولسا، بەخت-سائادەت كۆرەر.
[21] كۆڭلى دانا كىشى سەگەك ئاتىلار؛
يېقىملىق سۆزلەر ئادەملەرنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرار.
[22] پەم-پاراسەت ئۆزىگە ئىگە بولغانلارغا ھاياتلىقنىڭ بۇلىقىدۇر؛
ئەقىلسىزلەرگە تەلىم بەرمەكنىڭ ئۆزى ئەقىلسىزلىكتۇر.
[23] ئاقىلانە كىشىنىڭ قەلبى ئاغزىدىن ئەقىل چىقىرار؛
ئۇنىڭ لەۋزىگە بىلىمنى زىيادە قىلار.
[24] يېقىملىق سۆزلەر گويا ھەسەلدۇر؛

---

15:16 **«ئۇنىڭ پادىشاھنىڭ شەپقىتى ۋاقتىدا ياغقان «كېيىنكى يامغۇر»دۇر»** — ئىبرانىي تىلىدا: «ئۇنىڭ (پادىشاھنىڭ) شەپقىتى «كېيىنكى يامغۇرلار»نى ئەپكەلگەن بۇلۇتتۇر». «كېيىنكى يامغۇرلار» ئىسرائىلدا 3-ئايدا يېغىپ، ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنى پىشۇرۇشتەك ھالقىلىق رولنى ئوينايدۇ. شۇڭا ھەربىر دېھقان «كېيىنكى يامغۇر»غا تەشنادۇر، ئۇلار ئۇنى بەك قەدىرلەيدۇ.

**15:16** پەند. 12:19؛ ھوش. 3:6؛ زەك. 1:10؛ ياق. 7:5

**16:16** ئايۇپ 15:28؛ زەب. 10:19؛ 72:119؛ پەند. 3:14،15؛ 8:11،19

**18:16** پەند. 2:11؛ 19:17

20:16 **«كىمكى ئىشنى پەم-پاراسەت بىلەن قىلسا پايدا تاپار»** — ياكى «نەسىھەت سۆزىگە كۆڭۈل قويغان پايدا تاپار».

**20:16** زەب. 12:2؛ 8:34-9؛ 1:125؛ يەش. 18:30؛ يەر. 7:17

**22:16** پەند. 14:13

كۆڭۈللەرنى خۇش قىلىپ تەنگە داۋادۇر.
25 ئادەم بالىسىغا توغرىدەك كۆرۈنىدىغان بىر يول بار،
لېكىن ئاقىۋىتى ھالاكەتكە بارىدىغان يوللاردۇر.
26 ئىشلىگۈچىنىڭ ئىشتىيى ئۇنى ئىشقا سالار؛
ئۇنىڭ قارنى ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلار.
27 مۇتتەھەم كىشى يامان گەپنى كولاپ يۈرەر؛
ئۇنىڭ لەۋلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ئوخشار.
28 ئەگرى ئادەم جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرغۇچىدۇر؛
غەيۋەتچى يېقىن دوستلارنى ئايرىۋېتەر.
29 زوراۋان كىشى يېقىن ئادىمىنى ئازدۇرار؛
ئۇنى يامان يولغا باشلاپ كىرەر.
30 كۆزىنى يۇمۇۋالغان كىشى يامان نىيەتنى ئويلار؛
لېۋىنى چىشلىگەن كىشى يامانلىققا تەيياردۇر.
31 ھەققانىيەت يولىدا ئاقارغان چاچ،
ئادەمنىڭ شۆھرەت تاجىدۇر.

---

25:16 پەند. 12:14

26:16 **«ئۇنىڭ قارنى ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلار»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ ئاغزى ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلار».

27:16 **«مۇتتەھەم كىشى»** — ئىبرانىي تىلىدا «بېلىئالنىڭ ئوغلى» دېيىلىدۇ. «بېلىئال»نىڭ مەنىسى «ئەرزىمەس» دېگەنلىك بولۇپ، بەلكىم ئىبلىسنى كۆرسىتىدۇ.

27:16 پەند. 18:12

28:16 پەند. 18:15؛ 21:26؛ 22:29

29:16 **«ئۇنى يامان يولغا باشلاپ كىرەر»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنى ياخشى ئەمەس بىر يولغا باشلاپ كىرەر».

30:16 **«كۆزىنى يۇمۇۋالغان كىشى»** — ياكى «كۆز قىسقۇچى كىشى»، «كۆزىنى چىمىلداتقۇچى ئادەم».

30:16 پەند. 6:13،14

31:16 **«ھەققانىيەت يولىدا ئاقارغان چاچ، ئادەمنىڭ شۆھرەت تاجىدۇر»** — ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئاق چاچ بولسا ئادەمنىڭ شۆھرەت تاجىدۇر؛ ئۇ ھەققانىيەت يولىدا پەيدا بولىدۇ».

32 ئاسان ئاچچىقلىمايدىغان كىشى پالۋاندىن ئەۋزەلدۇر؛
ئۆزىنى تۇتۇۋالغان شەھەر ئالغاندىنمۇ ئۈستۈندۇر.
33 چەك ئېتەككە تاشلانغىنى بىلەن،
لېكىن نەتىجىسى پۈتۈنلەي پەرۋەردىگاردىندۇر.

17 1 قۇربانلىق گۆشلىرىگە تولغان جېدەللىك ئۆيدىن،
بىر چىشلەم قۇرۇق نان يەپ، كۆڭۈل تىنچلىقتا بولغان ئەۋزەل.
2 خىزمەتكار چېۋەر بولسا، خوجىسىنىڭ نومۇستا قويغۇچى ئوغلىنى باشقۇرار؛
كەلگۈسىدە ئۇ خوجىنىڭ ئوغلى قاتارىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ مىراسىنى تەقسىم قىلار.
3 ساپال قازان كۈمۈشنى تاۋلار، چاناق ئالتۇننى تاۋلار،
بىراق ئادەمنىڭ قەلبىنى پەرۋەردىگار سىنار.
4 قەبىھ كىشى يامان سۆزلەرگە ئىشىنەر؛
يالغانچى پىتنىچىلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالار.
5 مىسكىنلەرنى مەسخىرە قىلغۇچى، ئۆزىنى ياراتقۇچىنى ھاقارەتلىگۈچىدۇر؛
باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولغان كىشى جازاسىز قالماس.
6 قېرىلارنىڭ نەۋرىلىرى ئۇلارنىڭ تاجىدۇر؛
پەرزەنتلەرنىڭ پەخرى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىدۇر.

---

32:16 **«ئۆزىنى تۇتۇۋالغان»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «ئۆز روھىنى ئىدارە قىلىدىغان» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
1:17 **«قۇربانلىق گۆشلىرى»** ــ ئىبرانىيلار ئىبادەتخانىدا خۇداغا ئاتاپ سويغان بەزى قۇربانلىق گۆشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆيىگە ئەكىلىپ يېيىشكە بولاتتى.
**1:17** پەند. 17:15
**3:17** پەند. 21:27؛ يەر. 10:17
**5:17** پەند. 31:14

[7] ئەخمەق يارىشىق گەپ قىلسا ئۇنىڭغا ياراشماس؛
مۆتىۋەر يالغان سۆزلىسە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياراشماس.
[8] پارا ــ ئۇنى بەرگۈچىنىڭ نەزىرىدە ئېسىل بىر گۆھەردۇر؛
گويا ئۇنى نەگىلا ئىشلەتسە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغاندەك.
[9] باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى يوپۇتۇپ كەچۈرگەن كىشى مېھىر-مۇھەببەتنى كۆزلەر؛
كونا خامانىنى سورىغان كىشى يېقىن دوستلارنى دۈشمەن قىلار.
[10] ئاقىلانىگە سىڭگەن بىر ئېغىز تەنبىھ،
ئەخمەققە ئۇرۇلغان يۈز دەررىدىن ئۈنۈملۈكتۇر.
[11] يامانلار پەقەت ئاسىيلىقنى كۆزلەر؛
ئۇنى جازالاشقا رەھىمسىز بىر ئەلچى ئەۋەتىلەر.
[12] ئەخمىقانە ئىش قىلىۋاتقان نادان كىشىگە ئۇچراپ قالغاندىن كۆرە،
بالىلىرىدىن ئايرىلغان ئېيىققا يولۇقۇپ قالغان ياخشى.
[13] كىمكى ياخشىلىققا يامانلىق قىلسا،
ئۆيىدىن بالايىقازا نېرى كەتمەس.
[14] جېدەلنىڭ باشلىنىشى توسمىنى سۇ ئېلىپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ؛
شۇڭا جېدەل پارتلاشتىن ئاۋۋال تالاش-تارتىشتىن قول ئۈزگىن.
[15] يامانىنى ئاقلىغان،
ھەققانىيغا قارا چاپلىغان،
ئوخشاشلا پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر.
[16] ئەخمەقنىڭ كۆڭلى دانالىقنى ئەتىۋارلىمىسا،

---

8:17 «پارا ــ ...گويا ئۇنى نەگىلا ئىشلەتسە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغاندەك» ــ بۇ ئايەت ھەجۋىي، كىنايىلىك سۆز بولۇپ، ئومۇمىي ئەمما ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ؛ ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ ئىشنى تەرىپلىمەيدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ بۇنى نەگىلا ئىشلەتسەم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىمەن، دەيدۇ»
13:17 قان. 35:32؛ پەند. 22:20؛ 29:24؛ رىم. 17:12؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 9:3
14:17 پەند. 3:20
15:17 مىس. 7:23؛ پەند. 24:24؛ يەش. 23:5

قانداقمۇ ئۇنىڭ قولىدا دانالىقنى سېتىۋالغۇدەك پۇلى بولسۇن؟
[17] ھەقىقىي دوست ھەردائىم ساڭا مۇھەببەت كۆرسىتەر،
ھەقىقىي قېرىنداش يامان كۈنۈڭ ئۈچۈن ياردەمگە دۇنياغا كەلگەندۇر.
[18] ئەقىلسىز كىشى قول بېرىپ،
يېقىنى ئۈچۈن كېپىل بولىدۇ.
[19] جېدەلگە ئامراق گۇناھقا ئامراقتۇر؛
بوسۇغىنى ئېگىز قىلغان ھالاكەتنى ئىزدەر.
[20] نىيىتى بۇزۇلغان ياخشىلىق كۆرمەس؛
تىلىدا ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغۇچى بالاغا يولۇقار.
[21] بالا ئەخمەق بولسا، ئاتا غەم-قايغۇغا پاتار؛
ھاماقەتنىڭ ئاتىسى خۇشاللىق كۆرمەس.
[22] شاد كۆڭۈل شىپالىق دورىدەك تەنگە داۋادۇر؛
سۇنۇق روھ-دىل ئادەمنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتار.
[23] چىرىك ئادەم يەڭ ئىچىدە پارىنى قوبۇل قىلار؛
ئۇ ئادالەتنىڭ يولىنى بۇرمىلار.
[24] دانالىق يورۇتۇلغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرار؛
بىراق ئەقىلسىزنىڭ كۆزى خىيالكەشلىك قىلىپ قۇتۇپتا يۈرەر.
[25] گالۋاڭ بالا ئاتىنى ئازابقا سالار؛
ئۇنى تۇغقۇچىنىڭمۇ دەردى بولار.

---

16:17 **«ئەخمەقنىڭ كۆڭلى دانالىقنى ئەتىۋارلىمىسا،...»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئەقمەقنىڭ ھېچ كۆڭلى يوق تۇرسا،...»

19:17 **«بوسۇغىنى ئېگىز قىلغان كىشى»** — ئىبرانىي تىلىدا «دەرۋازىسىنى ئېگىز قىلغان (كىشى)». بۇنداق ئادەم بەلكىم ئۆزىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلماقچى بولىدۇ.

**19:17** پەند. 18:16

**22:17** پەند. 13:15

23:17 **«چىرىك ئادەم يەڭ ئىچىدە پارىنى قوبۇل قىلار»** — ئىبرانىي تىلىدا «چىرىك ئادەم باغرىدا پارىنى قوبۇل قىلار...» ياكى «چىرىك ئادەم باغرىدىن پارىنى ئالار...».

**24:17** توپ. 14:2؛ 1:8

**25:17** پەند. 1:10؛ 20:15؛ 13:19

26 ھەققانىيلارغا جەرىمانە قويۇشقا قەتئىي بولماس؛
ئەمىرلەرنى ئادالەتنى قوللىغىنى ئۈچۈن دۇمبالاشقا بولماس.
27 بىلىمى بار كىشى كەم سۆزلۈك بولار؛
يورۇتۇلغان ئادەم قالتىس ئېغىر-بېسىق بولار.
28 ھەتتا ئەخمەقمۇ ئاز سۆزلىسە دانا ھېسابلىنار؛
تىلىنى تىزگىنلىگەن كىشى دانىشمەن سانىلار.

18 1 كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ يالغۇز يۈرگەن كىشى ھامان ئۆز نەپسىگە چوغ تارتار؛
ھەرقانداق چىن ھېكمەتكە ھامان جان-جەھلى بىلەن قارشى چىقار.
2 ئەخمەق يورۇتۇلۇشقا قىزىقماس؛
قىزىقىدىغىنى پەقەت ئۆز ئويلىغانلىرىنى كۆرسىتىشلا، خالاس.
3 يامان كىشى كەلسە، نەپرەتمۇ پەيدا بولار؛
نومۇسسىز ئىش ئىزا-ئاھانەتتىن ئايرىلماس.
4 ئادەمنىڭ سۆزلىرى چوڭقۇر سۇلارغا ئوخشار؛
دانالىق بۇلىقى ئېرىق سۈيىدەك ئۇركەشلەپ ئاقار.
5 يامانغا يان بېسىشقا،
سوراقتا ھەققانىيغا ئۇۋال قىلىشقا قەتئىي بولماس.
6 ئەخمەقنىڭ لەۋلىرى ئۇنى جېدەلگە باشلار؛
ئۇنىڭ ئاغزى «مېنى دۇمبالا» دەپ تەكلىپ قىلار.

26:17 **«جەرىمانە قويۇش»** ــ «جەرىمانە قويۇش»نىڭ «جازالاش» دېگەن ئومۇمىي مەنىسىمۇ بولۇشى مۇمكىن. **«ھەققانىيلارغا جەرىمانە قويۇشقا قەتئىي بولماس»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھەققانىيلارغا جەرىمانە قويۇشقا ياخشى ئەمەس».
27:17 **«قالتىس ئېغىر-بېسىق بولار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «سالقىن روھى بار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.
3:18 **«نەپرەتمۇ پەيدا بولار»** ــ ياكى «پەسلىكمۇ پەيدا بولار».
5:18 **«قەتئىي بولماس»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ياخشى ئەمەس».
**5:18** لاۋ. 15:19؛ قان. 1:17؛ 19:16؛ پەند. 23:24

7 ئەخمەقنىڭ ئاغزى ئۆز بېشىغا ھالاكەتتۇر؛
ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۆز جېنىغا قاپقاندۇر.
8 غەيۋەتخورنىڭ سۆزلىرى ھەرخىل نازۇنېمەتلەردەك،
كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلەر.
9 ئىشىدا ھۇرۇن بولغان كىشىمۇ،
بۇزغۇنچى بىلەن ئۇلپەتداش بولىدۇ.
10 پەرۋەردىگارنىڭ نامى مەزمۇت مۇناردۇر؛
ھەققانىيلار ئۇنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ يۇقىرىدا ئامان بولار.
11 باي ئادەم مال-دۇنياسىنى «مۇستەھكەم شەھىرىم» دەپ بىلەر؛
نەزىرىدە ئۆزىنى ساقلايدىغان ئېگىز سېپىلدەك تۇرار.
12 بىتچىت بولۇشتىن ئاۋۋال، كۆڭۈلگە تەكەببۇرلۇق كېلەر؛
ئاۋۋال كەمتەرلىك بولسا، ئاندىن شۆھرەت كېلەر.
13 سۆزنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، ئالدىراپ جاۋاب بەرگەن،
ئەخمەقلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆزىنى خىجالەتتە قالدۇرۇر.
14 تەندىكى ئاغرىق ئازابىغا ئادەمنىڭ ئۆز روھى بەرداشلىق بەرگۈزەر؛
بىراق روھى سۇنغان بولسا ئۇنى كىم كۆتۈرەر؟
15 يورۇتۇلغاننىڭ قەلبى بىلىمگە ئېرىشمەكتە،
ئاقىلانىنىڭ قۇلاقلىرى بىلىمنى ئىزدىمەكتە.
16 سوۋغات ئۆز ئىگىسىگە ئىشىكنى داغدام ئېچىپ بېرەر؛
ئۇنى چوڭ ئەربابلار ئالدىغا يەتكۈزەر.
17 دەۋا قىلغاندا، ئاۋۋال سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق كۆرۈنەر؛

---

**7:18** پەند. 14:10؛ 13:12؛ 3:13

**8:18** **«كىشىنىڭ قەلبىگە...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قورسىقىنىڭ ئىچكى يەرلىرىگە...».

**8:18** پەند. 22:26

**9:18** **«كىشىمۇ...»** ــ **...مۇ** ــ دېمەك، ھۇرۇن ئادەم ئەيۋەتخورغا ئوخشاش بۇزغۇنچىدۇر.

**10:18** ھاك.51:9؛ 2سام. 51:22؛ زەب. 18:1-3؛ 61:3-4؛ پەند. 25:29

**11:18** پەند. 15:10

**12:18** پەند. 2:11؛ 33:15؛ 18:16

لېكىن قارشى تەرەپ سوئال قويۇپ ئىشنى سۈرۈشتۈرەر.
[18] چەك تاشلاش جېدەللەرنى تۈگىتەر؛
غوجىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشنىمۇ ھەل قىلار.
[19] رەنجىگەن قېرىنداشنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش مۇستەھكەم شەھەرنى ئېلىشتىنمۇ تەس؛
جېدەل-ماجىرا قورغاننىڭ تاقاق-بالداقلىرىغا ئوخشاشتۇر.
[20] ئادەم دۇرۇس سۆزلىگەنلىكىدىن قورسىقى توق بولار؛
ئۆز كۆڭلىدىن چىققان سۆزلىرىدىن مول ھوسۇل ئالار.
[21] ھايات-مامات تىلنىڭ ئىلكىدىدۇر؛
كىمكى ئۇنىڭ تەسىرىنى ئەتىۋارلىسا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەر.
[22] خوتۇننى تاللاپ ئالغان كىشى ياخشىلىق تاپىدۇ،
ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن بولىدۇ.
[23] مىسكىنلەر پەس ئاۋازدا يېلىنىپ سۆزلەر؛
باي بولسا قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرەر.
[24] دوستنى كۆپ تۇتقان كىشى خاراب بولار؛
لېكىن قېرىنداشتىنمۇ يېقىن باغلانغان بىر دوست باردۇر.

---

**17:18** پەند. 8:25

**20:18** **«ئادەم دۇرۇس سۆزلىگەنلىكىدىن .. مول ھوسۇل ئالار»** ــ ئايەت ئىبرانىي تىلدا «ئاغزىنىڭ مېۋىسىدىن ئادەمنىڭ قورسىقى توق بولار؛ لەۋلىرىنىڭ ھوسۇلىدىن قانائەتلىنەر» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ.

**20:18** پەند. 14:12؛ 2:13

**21:18** **«كىمكى ئۇنىڭ تەسىرىنى ئەتىۋارلىسا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەر»** ــ ياكى «كىمكى ئۆز سۆزلىرىگە ئامراق بولسا، شۇ ئۇنىڭ مېۋىسىنى يەر».

**21:18** پەند. 23:21؛ ياق. 2:3

**22:18** پەند. 14:19

**24:18** پەند. 17:17

19
1 پەزىلەتلىك يولدا ماڭغان كەمبەغەل،
ھىيلىگەر سۆزلۈك ئەخمەقتىن ياخشىدۇر.
2 يەنە، غەيرەتنى بار كىشى بىلىمسىز بولسا بولماس؛
ئالدىراڭغۇ يولدىن چىقار.
3 كىشىنىڭ ئەخمەقلىقى ئۆز يولىنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتەر؛
شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ كۆڭلىدە پەرۋەردىگاردىن رەنجىپ ئاغرىنار.
4 بايلىق دوستىنى كۆپ قىلار؛
مىسكىنلەر بار دوستىدىنمۇ ئايرىلىپ قالار.
5 يالغان گۇۋاھلىق قىلغان جازالانماي قالماس؛
يالغان ئېيتقۇچىمۇ جازادىن قۇتۇلالماس.
6 تولا ئادەم سېخىيدىن ئىلتىپات كۆزلەر؛
سوۋغات بېرىپ تۇرغۇچىغا ھەممە كىشى دوستتۇر.
7 نامراتلاشقاندىن قېرىنداشلىرىمۇ زېرىكەر؛
ئۇنىڭ دوستلىرى تېخىمۇ يىراق قاچار؛
يالۋۇرۇپ قوغلىسىمۇ، ئۇلار تېپىلماس.
8 پەم-پاراسەتكە ئېرىشكۈچى ئۆزىگە كۆيۈنەر؛
ئورنى ساقلىغان كىشىنىڭ بەختى بولار.
9 يالغان گۇۋاھلىق قىلغان جازالانماي قالماس؛

---

**1:19** پەند. 6:28

**2:19** **«بولماس»** — ئىبرانىي تىلىدا «ياخشى ئەمەس». **«ئالدىراڭغۇ يولدىن چىقار»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئاياغلىرىنى ئالدىراتقۇچى كىشى خاتا قەدەم باسار».

**3:19** ياق. 13،14،15:1

**4:19** پەند. 20:14

**5:19** **«يالغان ئېيتقۇچى...»** — ئىبرانىي تىلىدا «يالغان (سۆز) پۈۋلىگۈچى...».

**5:19** قان. 19:19؛ پەند. 28:21

**6:19** **«تولا ئادەم سېخىيدىن ئىلتىپات كۆزلەر...»** — ياكى «تولا ئادەم ئەمىردىن ئىلتىپات كۆزلەر...».

**7:19** پەند. 20:14

يالغان ئېيتقۇچىمۇ ھالاك بولار.
10 ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئەخمەققە ياراشماس؛
قۇلنىڭ ئەمەلدارلار ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈشى تېخىمۇ قاملاشماس.
11 دانىشمەنلىك ئىگىسىنى ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايدىغان قىلار؛
خاتالىقنى يوپۇتۇپ كەچۈرۈش ئۇنىڭ شۆھرىتىدۇر.
12 پادىشاھنىڭ غەزىپى شىرنىڭ ھۆۋلىشىغا ئوخشاش دەھشەتلىك بولار؛
ئۇنىڭ شەپقىتى يۇمران ئوت-چۆپكە چۈشكەن شەبنەمدەك شېرىندۇر.
13 ئەخمەق ئوغۇل ئاتىسى ئۈچۈن بالايىقازادۇر؛
ئۇرۇشقاق خوتۇننىڭ زارلاشلىرى توختىماي تېمىپ چۈشكەن تامچە-تامچە يېغىنغا ئوخشاشتۇر.
14 ئۆي بىلەن مال-مۈلۈك ئاتا-بوۋىلاردىن مىراستۇر؛
بىراق پەم-پاراسەتلىك خوتۇن پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتىدىندۇر.
15 ھورۇنلۇق كىشىنى غەپلەت ئۇيقۇغا غەرق قىلار؛
بىكار تەلەپ ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى تارتار.
16 پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلغان كىشى ئۆز جېنىنى ساقلار؛
ئۆز يوللىرىدىن ھېزى بولمىغان كىشى ئۆلەر.
17 كەمبەغەللەرگە رەھىمدىللىق قىلغان،
پەرۋەردىگارغا قەرز بەرگەن بىلەن باراۋەردۇر؛
ئۇنىڭ شەپقىتىنى پەرۋەردىگار قايتۇرار.

9:19 **«يالغان ئېيتقۇچى...»** — ئىبرانىي تىلىدا «يالغان (سۆز) پۈۋلىگۈچى...».
**10:19** پەند. 22:30
**12:19** پەند. 14،15:16؛ 2:20
**13:19** پەند. 1:10؛ 20:15؛ 25:17؛ 19:21؛ 15:27
**14:19** پەند. 22:18
**15:19** پەند. 9:6؛ 4:10؛ 13:20
16:19 **«ئۆز يوللىرىدىن ھېزى بولمىغان كىشى ئۆلەر»** — ياكى «ئۇنىڭ (دېمەك، پەرۋەردىگارنىڭ) يوللىرىنى كەمسىتكەن كىشى ئۆلەر».
**16:19** پەند. 21،22:3؛ لۇقا 28:11

18 پەرزەنتىڭنىڭ تەربىيىنى قوبۇل قىلىشىغا ئۈمىدۋار بولۇپ،
ئۇنى جازالاپ تەربىيە بېرىپ تۇرغىن؛
لېكىن ئۇنى ئۆلگۈچە خار بولسۇن دېگۈچى بولما.
19 قەھرلىك كىشى جازا تارتار؛
ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولساڭ، قايتا-قايتا قۇتقۇزۇشۇڭ كېرەك.
20 نەسىھەتنى ئاڭلىغىن، تەربىيەنى قوبۇل قىلغىن،
ئۇنداق قىلغاندا كېيىنكى كۈنلىرىڭدە دانا بولىسەن.
21 كىشىنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن نىيەتلەر بار؛
ئاخىرىدا پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ دالالەت-ھىدايىتىدىن چىققان ئىش ئاقار.
22 كىشىنىڭ يېقىملىقى ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىندۇر؛
مىسكىن بولۇش يالغانچىلىقتىن ياخشىدۇر.
23 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش كىشىنى ھاياتقا ئېرىشتۈرەر؛
ئۇ كىشى خاتىرجەم، توق ياشاپ، بالايىقازا چۈشۈرۈلۈشىدىن خالىي بولار.
24 ھۇرۇن قولىنى سۇنۇپ قاچىغا تىققىنى بىلەن،
غىزانى ئاغزىغا سېلىشقىمۇ ھۇرۇنلۇق قىلار.
25 ھاكاۋۇرغا قىلىنغان تاياق جازاسى ساددىغا قىلىنغان ئىبرەتتۇر؛
يورۇتۇلغان كىشىگە بېرىلگەن تەنبىھ،
ئۇنىڭ بىلىمىنى تېخىمۇ زىيادە قىلار.
26 ئاتىسىنىڭ مېلىنى بۇلىغان،
ئانىسىنى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقارغان،

---

18:19 **«لېكىن ئۇنى ئۆلگۈچە خار بولسۇن دېگۈچى بولما»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...بىراق ئۇنىڭ يىغا-زارلىرىغا قۇلاق سالما».

**18:19** پەند. 24:13؛ 13:23؛ ئەف. 4:6

**21:19** ئايۇپ 13:23؛ زەب. 11:33؛ 3:115؛ يەش. 10:46

**23:19** زەب. 10-9:34

**24:19** پەند. 15:26

**25:19** پەند. 11:21

رەسۋالىق، ئىزا-ئاھانەت قالدۇرغۇچى ئوغۇلدۇر.
[27] ئى ئوغۇل، نەسىھەتكە قۇلىقىڭنى يوپۇرۇۋالساڭ،
ئەقىلنىڭ تەلىملىرىدىن يىراقلاشقىنىڭدۇر.
[28] پەسكەش گۇۋاھچى ئادالەتنى مازاق قىلغۇچىدۇر؛
يامان ئادەمنىڭ ئاغزى رەزىللىكنى يۇتار.
[29] ھاكاۋۇرلار ئۈچۈن جازالار تەيياردۇر،
ئەخمەقلەرنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرىدىغان قامچا تەيياردۇر.

20 [1] شاراب كىشىنى رەسۋا قىلار،
ھاراق كىشىنى غالجىرلاشتۇرار؛
كىمكى ئۇنىڭغا بېرىلىپ ئېزىپ كەتسە، ئەقىلسىزدۇر.
[2] پادىشاھنىڭ غەزىپى شىرنىڭ ھۆركىرىشىگە ئوخشاش قورقۇنچلۇقتۇر؛
ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن، ئۆز جېنىغا جازا چۈشۈرەر.
[3] ئۆزىنى ماجىرادىن نېرى قىلىش كىشىنىڭ ئىززىتىدۇر؛
بىراق ھەربىر ئەخمەق ئۆزىنى باسالماس.
[4] ھورۇن ئادەم قىشتا يەر ھەيدىمەس؛
يىغىم ۋاقتىدا يوقلۇقتا قېلىپ ئاشلىق تىلەر.

27:19 **«ئى ئوغۇل، ... ئەقىلنىڭ تەلىملىرىدىن يىراقلاشقىنىڭدۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئى ئوغلۇم، ئەقىلنىڭ تەلىملىرىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن ئۆزۈڭنى تارت!».
28:19 **«پەسكەش گۇۋاھچى»** — ئىبرانىي تىلىدا: «بېلىئالنىڭ (ئىبلىسنىڭ) گۇۋاھچىسى».
29:19 **«ھاكاۋۇرلار»** — ياكى «مەسخىرە قىلغۇچىلار».
2:20 **«... ئۆز جېنىغا جازا چۈشۈرەر»** — ئىبرانىي تىلىدا: «... ئۆز جېنىغا گۇناھ قىلغان بولىدۇ»
**2:20** پەند. 14:16؛ 12:19
**3:20** پەند. 14:17
4:20 **«ھورۇن ئادەم قىشتا يەر ھەيدىمەس»** — پەلەستىندە بىر يىل ئالتە پەسىلگە بۆلىنىدۇ. ئون بىرىنچى، ئون ئىككىنچى ئاي «قىش پەسلى» ھېسابلىنىدۇ. «قىش» پەسلى يەر

[5] كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي-نىيەتلىرى چوڭقۇر سۇغا ئوخشاشتۇر؛
يورۇتۇلغان ئادەم ئۇلارنى تارتىپ ئالالايدۇ.
[6] ئۆزىنى سادىق دەيدىغانلار كۆپتۇر؛
بىراق ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى كىم تاپالىسۇن؟
[7] ھەققانىي ئادەم دىيانەتلىك يولدا ماڭار؛
ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە بەخت-بەرىكەت قالدۇرۇلار!
[8] پادىشاھ ئادالەت تەختىدە ئولتۇرغاندا،
ھەممە يامانلىقنى كۆزى بىلەن قوغلايدۇ.
[9] كىم ئۆزىنى گۇناھتىن تازىلاندىم،
ۋىجدانىم پاكلاندى، دېيەلەيدۇ؟
[10] ئىككى خىل تارازا تېشى،
ئىككى خىل كۈرە ئىشلىتىش،
ئوخشاشلا پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر.
[11] ھەتتا بالا ئۆز خىسلىتى بىلەن بىلىنەر؛

ھەيدىلىدىغان پەسىل، چۈنكى بۇ پەسىلدە يامغۇر يېغىپ تۇپراق يۇمشاق بولىدۇ.
5:20 **«كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي-نىيەتلىرى ... يورۇتۇلغان ئادەم ئۇلارنى تارتىپ ئالالايدۇ»** — بۇ پەند-نەسىھەتكە قارىتا ئالىملاردا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل چۈشەنچە بار: (1) ھەر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر ئوي-نىيەتلەر باردۇر؛ يورۇتۇلغان كىشى بۇ ئوي-نىيەتلەرنى (ياخشى بولسۇن يامان بولسۇن) ئەقلى بىلەن چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. (2) يورۇتۇلغان كىشى دانىشمەن ھەم ئاز سۆزلەيدىغان كىشىلەردىن ئۇلارنىڭ ياخشى ئوي-پىكىرلىرىنى، ياخشى نەسىھەتلىرىنى ئالالايدۇ. (3) يورۇتۇلغان كىشى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى بىلەلەيدۇ. (4) بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنى «ھەربىر كىشىنىڭ كۆڭلىدە خۇدادىن كەلگەن دالالەت (يوليورۇق، ھىدايەت) باردۇر؛ ئۇ چوڭقۇر قۇدۇقتىكى سۇغا ئوخشايدۇ؛ ...» دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى: «خۇدادىن كەلگەن شۇ «دالالەت» ھەربىر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بولغان بولىدۇ، يورۇتۇلغان كىشى بۇ دالالەتنى جاكارلاپ باشقىلارنى يورۇتالايدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ.
— —بىزنىڭچە بىرىنچى خىل چۈشەنچىنى توغرا دەپ قارايمىز.
**5:20** پەند. 4:18
**8:20** پەند. 26:20
**9:20** 1پاد. 46:8؛ ئايۇپ 4:14؛ زەب. 51:5-7؛ توپ. 20:7؛ 1يۇھ. 8:1
**10:20** قان. 13:25؛ پەند. 1:11؛ 23:20

ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ پاك، دۇرۇس ياكى ئەمەسلىكى ھەرىكەتلىرىدىن
كۆرۈنۈپ تۇرار.
12 كۆرىدىغان كۆزنى، ئاڭلايدىغان قۇلاقنى،
ھەر ئىككىسىنى پەرۋەردىگار ياراتتى.
13 ئۇيقۇغا ئامراق بولما، نامراتلىققا ئۇچرايسەن؛
كۆزۈڭنى ئېچىپ ئويغاق بول، نېنىڭ مول بولار.
14 خېرىدار مال ئالغاندا: «ناچار ئىكەن، ناچار ئىكەن!» دەپ قاقشايدۇ؛
ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن «ئېسىل نەرسە، ئەرزان ئالدىم» دەپ
ماختىنىدۇ.
15 ئالتۇن بار، لەئەل-ياقۇتلارمۇ كۆپتۇر؛
بىراق بىلىمنى بېغىشلىغان لەۋلەر نېمىدېگەن قىممەتلىك گۆھەردۇر!
16 ياتقا كېپىل بولغان كىشىدىن قەرزگە تونىنى تۇتۇپ ئالغىن؛
يات خوتۇنغا كاپالەت بەرگەن كىشىدىن كاپالەت پۇلى ئال.
17 ئالداپ ئېرىشكەن تاماق تاتلىقتۇر؛
كېيىن، ئۇنىڭ يېگىنى شېغىل بولار.
18 پىلانلار مەسلىھەت بىلەن بېكىتىلەر؛
پىشقان كۆرسەتمە بىلەن جەڭ قىلغىن.
19 گەپ توشۇغۇچى سىرلارنى ئاشكارىلار؛
شۇڭا ۋالاقتەككۇر بىلەن ئارىلاشما.
20 كىمكى ئاتا-ئانىسىنى ھاقارەت قىلسا،
ئۇنىڭ چىرىغى زۇلمەت قاراڭغۇسىدا ئۆچەر!

---

**12:20** مىس. 11:4؛ زەب. 9:94
**13:20** پەند. 15:19
**15:20** پەند. 14،15:3
**16:20** پەند. 15:11؛ 13:27
**17:20** پەند. 17:9
**19:20** پەند. 13:11
**20:20** مىس. 17:21؛ لاۋ. 9:20؛ قان. 16:27؛ مات. 4:15

21 تېز ئېرىشكەن مىراس ھامان بەرىكەتلىك بولماس.
22 «يامانلىققا يامانلىق قايتۇراي» دېمە؛
پەرۋەردىگارغا تايىنىپ كۈت، ئۇ دەردىڭگە يېتەر.
23 ئىككى خىل تارازا تېشى پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر؛
ساختا ئۆلچەم قەتئىي يارىماس.
24 ئىنساننىڭ ھاياتلىق قەدەملىرىنى پەرۋەردىگار بەلگىلەيدۇ؛
ئۇنداقتا ئىنسان ئۆز مۇساپىسىنى نەدىن بىلسۇن؟
25 بىر نەرسىسىنى يېنىكلىك بىلەن «خۇداغا ئاتالغان!» دەپ ۋەدە بېرىش،
قەسەملەردىن كېيىن ئىككىلىنىپ قايتا ئويلىنىش،
ئۆز جېنىنى قىلتاققا چۈشۈرگەنگە باراۋەر.
26 دانا پادىشاھ يامانلارنى توپاننى سورۇغاندەك سورۇۋېتىدۇ،
خامان تەپكەندەك تۇلۇق بىلەن يانچىۋېتەر.
27 ئادەمنىڭ روھ-ۋىجدانى ــ پەرۋەردىگارنىڭ چىرىغىدۇر،
ئۇ قەلبنىڭ ھەربىر تەگلىرىنى تەكشۈرۈپ پەرق ئېتەر.
28 مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەت پادىشاھنى ساقلايدۇ؛
ئۇ مېھىر-شەپقەت بىلەنلا ئۆز تەختىنى مۇستەھكەملەيدۇ.
29 ياش يىگىتلەرنىڭ قاۋۇللۇقى ئۇلارنىڭ پەخرىدۇر؛
قېرىلارنىڭ ئىززىتى ئاق چاچلىرىدۇر.
30 تەربىيە يارىلىرى يامانلىقنى تازىلاپ چىقىرار،
تاياق ئىزلىرى ئىچ-باغرىنى تازا قىلار.

---

**21:20** پەند. 11:13؛ 20:28

**22:20** قان. 35:32؛ پەند. 13:17؛ 29:24؛ رىم. 17:12؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 9:3

**23:20** **«قەتئىي يارىماس»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ياخشى ئەمەس».

**23:20** پەند. 10:20

**24:20** ئايۇپ 4:31؛ زەب. 23:37؛ 139:1-3؛ يەر. 23:10

**29:20** پەند. 31:16

**30:20** پەند. 13:10

21 [1] پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئېرىقلاردىكى سۇدەك پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىدۇر؛
پەرۋەردىگار قەيەرگە توغرىلىسا، شۇ تەرەپكە ماڭدۇرىدۇ.
[2] ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەممە قىلغان ئىشىنى توغرا دەپ بىلەر؛
لېكىن پەرۋەردىگار قەلبدىكى نىيەتلەرنى تارازىغا سېلىپ تارتىپ كۆرەر.
[3] پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە،
ھەققانىيلىق بىلەن ئادالەت يۈرگۈزۈش قۇربانلىق قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر.
[4] تەكەببۇر كۆزلەر، مەغرۇر قەلب، يامانلارنىڭ چىرىغى ــ ھەممىسى گۇناھتۇر.
[5] ئەستايىدىل كىشىلەرنىڭ ئويلىرى ئۇلارنى پەقەت باياشاتلىققا يېتەكلەر؛
چېچىلاڭغۇلارنىڭ ئويلىرى بولسا، ئۇلارنى پەقەت يوقسۇزلۇققىلا يېتەكلەر.
[6] ياغلىما تىل بىلەن ئېرىشكەن بايلىقلار،
ئۆلۈمنى ئىزدەپ يۈرگەنلەر قوغلاپ يۈرگەن بىر تۈتۈنلا، خالاس.
[7] يامانلارنىڭ زالىملىقى ئۆزلىرىنى چىرمىۋالار؛
چۈنكى ئۇلار ئادالەت يولىدا مېڭىشنى رەت قىلغان.
[8] جىنايەتكار ماڭىدىغان يول ناھايىتى ئەگرىدۇر؛
ساپ دىل ئادەمنىڭ ھەرىكىتى تۈپتۈزدۇر.

---

**21:2 «قەلبدىكى نىيەتلەر»** ــ ئىبرانىي تىلدا «قەلبلەر» دېيىلىدۇ.

**21:2** پەند. 16:2

**21:3** 1سام. 15:22؛ زەب. 50:8-14؛ يەش. 1:11، 16؛ ھوش. 6:6

**21:4 «يامانلارنىڭ چىرىغى»** ــ مۇشۇ يەردە «چىراغ» بەلكىم ئادەمنىڭ روھىنى، يەنى ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىنى كۆرسىتىدۇ (27:20-ئايەتنى كۆرۈڭ). باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «يامانلارنىڭ ھوسۇلى».

**21:5** پەند. 10:4؛ 13:4

**21:6** پەند. 10:2، 4؛ 13:11

[9] سوقۇشقاق خوتۇن بىلەن ئازادە ئۆيدە بىللە تۇرغاندىن كۆرە،
ئۆگزىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يالغۇز يېتىپ قوپقان ياخشى.
[10] يامان كىشىنىڭ كۆڭلى يامانلىققىلا ھېرىسمەندۇر؛
ئۇ يېقىنىغىمۇ شاپائەت كۆرسەتمەس.
[11] ھاكاۋۇرنىڭ جازاغا تارتىلىشى، بىلىمسىزگە ئىبرەت بولار؛
دانا كىشى قوبۇل قىلغان نەسىھەتلەردىن تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئالار.
[12] ھەققانىي بولغۇچى يامانىنىڭ ئۆيىنى كۆزلەر؛
ئۇ ھامان يامانلارنى يامانلىققا قويۇپ يىقىتار.
[13] مىسكىنلەرنىڭ نالىسىغا قۇلىقىنى يوپۇتۇپ كارى بولمىغۇچى،
ئاخىرى ئۆزى پەرياد كۆتۈرەر،
بىراق ھېچكىم پەرۋا قىلماس.
[14] يوشۇرۇن سوۋغات غەزەپنى باسار؛
يەڭ ئىچىدە بېرىلگەن پارا قەھر-غەزەپنى پەسەيتەر.
[15] ئادالەتنى بەجا كەلتۈرۈش ھەققانىيلارنىڭ خۇشاللىقىدۇر،
بىراق يامانلىق قىلغۇچىلارغا ۋەھىمىدۇر.
[16] ھېكمەت يولىدىن ئېزىپ كەتكەن كىشى،
ئەرۋاھلارنىڭ جامائىتى ئىچىدىكىلەردىن بولۇپ قالار.
[17] تاماشاغا بېرىلگەن كىشى نامرات قالار؛

9:21 **«سوقۇشقاق خوتۇن بىلەن ئازادە ئۆيدە بىللە تۇرغاندىن كۆرە،...»** — ياكى «سوقۇشقاق خوتۇن بىلەن ئازادە ئۆيدە ئولتۇرغاندىن كۆرە،...».

**9:21** پەند. 19:21؛ 24:25؛ 15:27

11:21 **«ھاكاۋۇرنىڭ...»** — ياكى «مەسخىرە قىلغۇچىنىڭ...».

**11:21** پەند. 25:19

12:21 **«ھەققانىي بولغۇچى»** — دېمىسەكمۇ «ھەققانىي بولغۇچى» خۇدا ئۆزىدۇر.

14:21 **«يەڭ ئىچىدە»** — ئىبرانىي تىلىدا «باغىر ئىچىدە». **«يوشۇرۇن سوۋغات غەزەپنى باسار... قەھر-غەزەپنى پەسەيتەر»** — دېمىسەكمۇ، بۇ خىل پەند-نەسىھەت بۇنداق ئىشلارنى تەرىپلىمەيدۇ، پەقەت ئومۇمىي ئەھۋالنى تەسۋىرلەيدۇ، خالاس.

**14:21** پەند. 8:17؛ 16:18

16:21 **«ئەرۋاھلار»** — ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ياغ چايناشقا، شاراب ئىچىشكە ئامراق بېيىماس.
[18] يامان ئادەم ھەققانىي ئادەم ئۈچۈن گۆرۈ پۇلىنىڭ ئورنىدا قالار؛
ئېزىلگەن دۇرۇسلارنىڭ ئورنىغا ئىپلاسلار قالار.
[19] سوقۇشقاق ۋە تېرىككەك ئايال بىلەن ئورتاق تۇرغاندىن،
چۆل-باياۋاندا يالغۇز ياشىغان ياخشىدۇر.
[20] ئاقىلانىنىڭ ئۆيىدە بايلىق بار، زەيتۇن ماي بار؛
بىراق ئەخمەقلەر تاپقىنىنى ئۇتتۇرلۇق بۇزۇپ-چاچار.
[21] ھەققانىيەت، مېھرىبانلىقنى ئىزدىگۈچى ئادەم،
ھايات، ھەققانىيەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشەر.
[22] دانا كىشى كۈچلۈكلەر شەھىرىنىڭ سېپىلىغا يامىشار،
ئۇلارنىڭ تايانچى بولغان قورغىنىنى غۇلىتار.
[23] ئۆز تىلىغا، ئاغزىغا ئىگە بولغان كىشى،
جېنىنى ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلاپ قالار.
[24] چوڭچىلىق قىلغانلار،
«ھاكاۋۇر»، «ھالى چوڭ»، «مازاقچى» ئاتىلار.
[25] ھورۇن كىشى ئۆز نەپسىدىن ھالاك بولار،
چۈنكى ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارماس؛
[26] نەپسى يامان بولۇپ ئۇ كۈن بويى تەمە قىلىپ يۈرەر؛
بىراق ھەققانىي ئادەم ھېچنېمىنى ئايىماي سەدىقە قىلار.
[27] يامان ئادەمنىڭ قۇربانلىقى پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر؛
رەزىل غەرەزدە ئەپكېلىنگەن بولسا تېخىمۇ شۇنداقتۇر!
[28] يالغان گۇۋاھلىق قىلغۇچى ھالاك بولار؛

**18:21** پەند. 8:11
**19:21** پەند. 9:21؛ 24:25
**23:21** پەند. 21:18
**26:21** زەب. 26:37
**27:21** پەند. 8:15؛ يەش. 13:1؛ يەر. 20:6؛ ئام. 21:5

ئەينى ئەھۋالنى ئاڭلاپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزى ئەبەدگىچە ئاقار.
[29] يامان ئادەم يۈزىنى قېلىن قىلار؛
دۇرۇس كىشى يولىنى ئويلاپ پۇختا باسار.
[30] پەرۋەردىگارغا قارشى تۇرالايدىغان ھېچقانداق دانالىق، ئەقىل-
پاراسەت ياكى تەدبىر يوقتۇر.
[31] ئاتلار جەڭ كۈنى ئۈچۈن تەييار قىلىنغان بولسىمۇ،
بىراق غەلىبە-نىجات پەقەت پەرۋەردىگاردىندۇر.

22 [1] ياخشى نام زور بايلىققا ئىگە بولۇشتىن ئەۋزەل؛
قەدىر-قىممەت ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئۈستۈندۇر.
[2] گاداي بىلەن باي بىر زېمىندا ياشار؛
ھەر ئىككىسىنى ياراتقان پەرۋەردىگاردۇر.
[3] زېرەك كىشى بالايىقازانى ئالدىن كۆرۈپ قاچار؛
ساددىلار ئالدىغا بېرىپ زىيان تارتار.
[4] ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىشنىڭ بەرىكىتى —
باياشاتلىق، ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ھاياتتۇر.
[5] ھىيلىگەرلەرنىڭ يولىدا تىكەنلەر، تۇزاقلار ياتار؛
ئۆز يولىغا ھېزى بولغان كىشى ئۇلاردىن يىراق بولار.
[6] بالىغا كىچىكىدە مېجەزىگە قاراپ دۇرۇس تەربىيە بەرسەڭ،

28:21 پەند. 5:19، 9
31:21 زەب. 7:20؛ 16:33-17
1:22 توپ. 1:7
2:22 «گاداي بىلەن باي بىر زېمىندا ياشار» — ئىبرانىي تىلىدا: «گاداي بىلەن باي بىر-بىرىگە يولۇقار».
2:22 پەند. 13:29
3:22 پەند. 12:27
5:22 «ئۆز يولىغا ھېزى بولغان كىشى» — ئىبرانىي تىلىدا «ئۆز جېنىنى ساقلايدىغان كىشى»

چوڭ بولغاندا ئۇ شۇ يولدىن چىقماس.
7 بايلار مىسكىنلەرنى باشقۇرۇر؛
قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ قۇلىدۇر.
8 ناھەقلىق ئۇرۇقىنى چاچقانىنىڭ ئالىدىغان ھوسۇلى بالايىئاپەتتۇر؛
ئۇنىڭ غەزەپ-ھەيۋىسى چۇشەر.
9 سېخىي ئادەم بەرىكەت تاپار؛
چۈنكى ئۇ مىسكىنلەرگە ئۆز نېنىدىن بۆلۈپ بەرگۈچىدۇر.
10 ھاكاۋۇرنى قوغلىۋەتسەڭ، جېدەل-ماجىرا بېسىلار؛
كېلىشمەسلىكلەر ۋە شەرمەندىچىلىكلەر تۈگەر.
11 پاك نىيەتنى قەدىرلەيدىغان كىشىنىڭ سۆزلىرى گۈزەلدۇر؛
شۇڭا پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولار.
12 پەرۋەردىگارنىڭ كۆزى ئىلىم-ھەقىقەتنى ساقلار؛
ئۇ ئىپلاسلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىچىپ تاشلاپ بىكار قىلار.
13 ھۇرۇن ئادەم: «تاشقىرىدا بىر شىر تۇرىدۇ،

---

**6:22** **«بالىغا كىچىكىدە مىجەزىگە قاراپ دۇرۇس تەربىيە بەرسەڭ، ... يولدىن چىقماس»** — بىزنىڭچە بۇ پەند ھەربىر بالىنىڭ ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى بار، شۇڭا بالىغا ئۆز مىجەزىگە، ماھىيىتىگە قاراپ تەربىيە بېرىش كېرەك، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بالىغا كىچىكىدە ھەققانىي يولدا مېڭىشنى ئۆگەتسەڭ،... يولدىن چىقماس».
—بەزى شەرھچىلەر ئايەتنى «كىنايىلىك سۆز» دەپ چۈشىنىپ: «بالىغا كىچىكىدە ئۆزى خالىغان (شەخسىيەتچى) يول بويىچە تەربىيە بېرىۋەر! مانا چوڭ بولغاندا ئۇ شۇ يولدىن چىقماس!» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ (دېمەك، بالىنى ئەركىلەتمە!).
**8:22** **«ئۇنىڭ غەزەپ-ھەيۋىسى»** — ئىبرانىي تىلىدا «غەزىپىنى يەتكۈزىدىغان ھاسىسى» دېيىلىدۇ.
**8:22** ئايۇپ 8:4؛ ھوش. 13:10
**9:22** **«سېخىي ئادەم»** — ئىبرانىي تىلىدا «سېخىي كۆزلۈك كىشى».
**9:22** 2كور. 6:9
**11:22** زەب. 6:101
**12:22** **«پەرۋەردىگارنىڭ كۆزى ئىلىم-ھەقىقەتنى ساقلار»** — پەرۋەردىگار ھەربىر دەۋردە، ھەربىر يەردە ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئىسپات-ھەقىقەتنى ساقلايدۇ، ھەم شۇنداقلا شۇ ئىسپات-ھەقىقەتنى قەدىرلەيدىغان، شۇلارغا گۇۋاھ بېرىدىغان كىشىلەرنى ساقلايدۇ («رىم.» 1:19-20نى كۆرۈڭ)؛ ئۇ يەنە بارلىق ئىنسانلارغا كالام-شېرىف (تاۋرات، زەبۇر، ئىنجىل) بەرگۈچىدۇر.

كوچىغا چىقسام ئۆلتۈرۈلىمەن!» ــ دەيدۇ.
14 زىناخور ئايالنىڭ ئاغزى چوڭقۇر بىر ئورىدۇر؛
پەرۋەردىگار نارازى بولغان كىشى ئۇنىڭغا چۈشۈپ كېتەر.
15 نادانلىق سەبىي بالىلارنىڭ قەلبىگە باغلاقلىقتۇر؛
بىراق تەربىيە تايىقى بۇنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلار.
16 مىسكىنلەرنى ئېزىش بىلەن باي بولغان،
ۋە بايلارغا سوۋغات سۇنىدىغان كىشى،
ئاخىرى پەقەت يوقسۇللۇقتا قالار.

## ئوتتۇز ھېكمەتلىك سۆز

17 قۇلاق سال، ساڭا ئاقىلانىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۆگىتەي؛
كۆڭۈل قويۇپ بىلىمىمنى ئۆگەنگىن.
18 ئۇلارنى قەلبىڭدە چىڭ تۇتساڭ،
ئۇلار ساڭا شېرىن بولار،
لەۋلىرىڭدە سەپ بولۇپ تەييار تۇرىدۇ.
19 چىن قەلبىڭ بىلەن پەرۋەردىگارغا تايىنىشىڭ ئۈچۈن،
بۈگۈن بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى باشقا بىرسىگە ئەمەس،
بەلكى ساڭا يەتكۈزدۈم.
20 ئۇنىڭدىن مانا ئوتتۇزنى يازدىم،
بۇنىڭ ئىچىدە نەسىھەتلەر ھەم بىلىم بار.
21 بۇلار بىلەن ھەقىقەتنىڭ سۆزلىرىنىڭ دەرۋەقە ھەقىقەت

**13:22** پەند. 13:26

**14:22** **«زىناخور ئايال»** ــ ئىبرانىي تىلدا «يات ئايال».

**14:22** پەند. 2:16؛ 5:3؛ 7:5؛ 23:27

**15:22** پەند. 13:24؛ 19:18؛ 23:14؛ 29:17،15

**16:22** پەند. 14:31؛ 17:5

**20:22** **«ئۇنىڭدىن مانا ئوتتۇزنى يازدىم»** ــ بۇ «ئوتتۇز ھېكمەتلىك سۆز» 22:22-24:22 دە تېپىلىدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭدىن مانا ئەلا سۆزلەرنى يازدىم».

ئىگەڭلىكىنى بىلەلەيسەن،
ۋە شۇنداق قىلىپ سېنى ئەۋەتكۈچىلەرگە ھەقىقەتنىڭ سۆزلىرى
بىلەن جاۋاب قايتۇرالايسەن.

22 يوقسۇلدىن بۇلاپ ئالما، ئۇ كەمبەغەل تۇرسا،
ئاجىز مۆمىنلەرنى سوراق ئورنىدا بوزەك قىلما.
23 چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى كۆتۈرەر،
ئۇلاردىن بۇلاپ ئالغانلاردىن بۇلاپ ئالار.

24 مىجەزى ئىتتىك ئادەم بىلەن دوست بولما،
قەھرلىك ئادەم بىلەن ئارىلاشما،
25 بولمىسا، ئۇنىڭ يامان يولىنى ئۆگىنىپ قېلىپ، قىلتاققا چۈشىسەن.

26 باشقىلارغا كېپىل بولۇپ قول بەرگۈچىلەردىن بولما،
قەرزلەرنى تۆلەشكە كاپالەت بەرگۈچىلەردىن بولما؛
27 سېنىڭ قايتۇرالىغۇدەك نەرسەڭ بولغان بولسا،
ئۇلار ئورۇن-كۆرپىلىرىڭنى بىكاردىن-بىكار ئاستىڭدىن ئېلىپ
كەتمىگەن بولاتتى!

28 ئاتا-بوۋىلىرىڭ پاسىلنى بەلگىلەپ بەرگەن كونا چېگرا تاشلىرىنى
يۆتكىمە.

22:22 «سوراق ئورنى» ــ ئىبرانىي تىلىدا «شەھەر دەرۋازىسى» ــ يەنى سوت قىلىدىغان يەرنى كۆرسىتىدۇ.

22:22 مىس. 6:23؛ ئايۇپ 13:31؛ زەب. 3:82، 4؛ زەك. 10:7

23:22 مىس. 22:22، 23؛ زەب. 10:17-18

26:22 پەند. 1:6؛ 15:11

27:22 پەند. 16:20

28:22 قان. 14:19؛ 17:27؛ پەند. 10:23

[29] ئىشنى ئەستايىدىل ۋە چاقفان بىجىرىدىغان كىشىنى كۆرگەنمىدىڭ؟
ئۇ پەس ئادەملەرنىڭ خىزمىتىدە بولماس؛
پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا تۇرار.

23 [1] كاتتا ئەرباب بىلەن ھەمداستىخان بولساڭ،
ئالدىڭدىكى كىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان ئويلان.
[2] ئىشتىيىڭ يامان بولسا،
گېلىڭغا پىچاق تەڭلەپ تۇرغاندەك ئۆزۈڭنى تارت.
[3] ئۇنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى تاما قىلما،
ئۇلار ئادەم ئالدايدىغان تاماقلاردۇر.

[4] باي بولىمەن دەپ ئۆزۈڭنى ئۇپراتما؛
ئۆزۈڭنىڭ زېھنىڭنى بۇ ئىشقا قاراتما.
[5] بايلىقلارغا كۆز تىكىشىڭ بىلەنلا، ئۇلار يوق بولىدۇ؛
پۇل-مال دەرۋەقە ئۆزىگە قانات ياساپ،
خۇددى بۈركۈتتەك ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتەر.

[6] ئاچ كۆزنىڭ نېنىنى يېمە،
ئۇنىڭ ئېسىل نازۇنېمەتلىرىنى تاما قىلما؛
[7] چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى قانداق بولغاندەك، ئۆزىمۇ شۇنداق.
ئۇ ئاغزىدا: ــ قېنى، ئالسىلا، ئىچسىلە! ــ دېسىمۇ،
بىراق كۆڭلىدە سېنى ئويلىغىنى يوق.

29:22 «ئەستايىدىل ۋە چاققان» ــ ئىبرانيي تىلدا بىرلا سۆز («ماھىر») بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
2:23 «ئۆزۈڭنى تارت» ــ ئىبرانيي تىلدا «گېلىڭغا پىچاق تەڭلەپ تۇر» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
4:23 «ئۆزۈڭنىڭ زېھنىڭنى بۇ ئىشقا قاراتما» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۆز ئەقلىڭدىن چېكىنىپ ئۆزۈڭنى تارت». 5:3-ئايەتنى كۆرۈڭ.

8 يېگەن بىر يۇتۇم تائامىڭمۇ قۇسۇۋېتىسەن،
ئۇنىڭغا قىلغان چىرايلىق سۆزلىرىڭمۇ بىكارغا كەتكەن بولىدۇ.

9 ئەخمەققە يول كۆرسىتىپ سالما،
چۈنكى ئۇ ئەقىل سۆزلىرىڭنى كۆزگە ئىلماس.

10 قەدىمدە بېكىتكەن يەرنىڭ پاسىل تاشلىرىنى يۆتكىمە،
يېتىملارنىڭ ئېتىزلىرىغىمۇ ئاياغ باسما؛
11 چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىسى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر؛
ئۇ ئۆزى ئۇلار ئۈچۈن ئۇستۇڭدىن دەۋا قىلار.

12 نەسىھەتكە كۆڭۈل قوي،
ئىلىم-بىلىملەرگە قۇلاق سال.

13 بالاڭغا تەربىيە بېرىشتىن ئېرىنمە؛
ئەگەر تاياق بىلەن ئۇرساڭ، ئۇ ئۆلۈپ كەتمەيدۇ؛
14 سەن ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرساڭ،
بەلكىم ئۇنى تەھتىسارادىن قۇتقۇزۇۋالىسەن.
15 ئى ئوغلۇم، دانا بولساڭ،
مېنىڭ قەلبىم قانچە خۇش بولار ئىدى!

**9:23** پەند. 8:9؛ مات. 6:7

**10:23** پەند. 28:22

**11:23** **«ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»** — كونا ئىسرائىلدا «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» («گوئېل») نىڭ قىلىدىغان يەنە بىر ئىشى ئۆزىنىڭ جەمەتىدىكى ئۇۋال قىلىنغانلار ئۈچۈن ئادالەتنى يۈرگۈزۈش ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بىرسى قاتىللىق قەستىگە ئۇچرىغان بولسا، «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»نىڭ قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى ھەم ۋەزىپىسى بار ئىدى.
—مۇشۇ ئايەتتىكى «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» بولسا خۇدا ئۆزىدۇر، ئەلۋەتتە.

**13:23** پەند. 24:13؛ 18:19؛ 15:22؛ 15،17:29

**14:23** **«تەھتىسارا»** — ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان جايىنى كۆرسىتىدۇ.

16 ئاغزىڭدا ئورۇنلۇق سۆزلەر بولسا، ئىچ-ئىچىمدىن شادلىنىمەن.

17 گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارغا رەشك قىلما،
ھەردائىم پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىشتە تۇرغىن؛
18 شۇنداق قىلغىنىڭدا جەزمەن كۆرىدىغان ياخشى كۈنۈڭ بولىدۇ،
ئارزۇ-ئۈمىدىڭ بىكارغا كەتمەس.

19 ئى ئوغلۇم، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ دانا بول،
قەلبىڭنى خۇدانىڭ يولىغا باشلىغىن.
20 مەيخورلارغا ئارىلاشما،
نەپسى يامان گۆشخورلار بىلەن باردى-كەلدى قىلما؛
21 چۈنكى ھاراقكەش بىلەن نەپسى يامان ئاخىرىدا يوقسۇللۇقتا قالار،
غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقانلارغا جەندە كىيىمنى كىيگۈزەر.

22 سېنى تاپقان ئاتاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلا،
ئاناڭ قېرىغاندا ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلما.
23 ھەقىقەتنى سېتىۋال،
ئۇنى ھەرگىز سېتىۋەتمە.
دانالىق، تەربىيە ۋە يورۇتۇلۇشنىمۇ ئال.

24 ھەققانىي بالىنىڭ ئاتىسى چوڭ خۇشاللىق تاپار؛
دانا ئوغۇلنى تاپقان ئاتىسى ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولار.

---

16:23 **«ئىچ-ئىچىمدىن شادلىنىمەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بۆرەكلىرىم شادلىنىدۇ».

**17:23** زەب. 37:1؛ 73:3؛ پەند. 24:1

**18:23** پەند. 24:14

**20:23** يەش. 5:22؛ لۇقا 21:34؛ رىم. 13:13؛ ئەف. 5:18

**22:23** پەند. 1:8

**23:23** پەند. 4:7

**24:23** پەند. 10:1؛ 15:20

25 ئاتا-ئاناڭنى سۆيۈندۈرۈپ،
سېنى تۇغقان ئاناڭنى خۇش قىل.

26 ئى ئوغلۇم، قەلبىڭنى ماڭا تاپشۇر؛
كۆزلىرىڭمۇ ھاياتلىق يوللىرىمغا تىكىلسۇن!
27 چۈنكى پاھىشە ئايال چوڭقۇر ئورىدۇر،
بۇزۇق يات ئايال تار زىندانىدۇر؛
28 ئۇلار قاراقچىدەك مۆكۈۋېلىپ،
ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى ۋاپاسىزلارنى كۆپەيتەر.

29 كىمدە ئازاب بار؟ كىمدە دەرد-ئەلەم؟ كىم جېدەل ئىچىدە قالار؟
كىم نالە-پەرياد كۆتۈرەر؟ كىم سەۋەبسىز يارىلىنار؟ كىمنىڭ كۆزى
قىزىرىپ كېتەر؟
30 دەل شاراب ئۈستىدە ئۇزۇن ئولتۇرغان،
ئەبجەش شارابتىن تېتىشقا ئالدىرىغان مەيخورلار!
31 شارابنىڭ ئاجايىب قىزىللىقىغا، ئۇنىڭ جامدىكى جۇلالىقىغا،
كىشىنىڭ گېلىدىن شۈنداق سىلىق ئۆتكەنلىكىگە مەپتۇن بولۇپ
قالما!
32 ئاخىرىدا ئۇ زەھەرلىك يىلاندەك چېقىۋالىدۇ،
ئوق يىلاندەك نەشتىرىنى سانجىيدۇ.
33 كۆز ئالدىڭدا غەلىتە مەنزىرىلەر كۆرۈنىدۇ،
ئاغزىڭدىن قالايمىقان سۆزلەر چىقىدۇ.
34 خۇددى دېڭىز-ئوكيانلاردا لەيلەپ قالغاندەك،
يەلكەنلىك كېمىنىڭ موما ياغىچى ئۈستىدە ياتقاندەك بولىسەن.
35 سەن چوقۇم: ــ بىرسى مېنى ئۇردى، لېكىن مەن يارىلانمىدىم!

27:23 پەند. 14:22
30:23 يەش. 11،22:5
33:23 «غەلىتە مەنزىرىلەر كۆرۈنىدۇ» ــ ياكى «غەلىتە ئاياللار كۆرۈنىدۇ».

بىرسى مېنى تاياق بىلەن ئۇردى، بىراق ئاغرىقىنى سەزمىدىم!» ــ
دەيسەن.
بىراق سەن يەنە: «ھوشۇمغا كەلسەملا، مەن يەنىلا شارابنى ئىزدەيمەن!
ــ دەيسەن.

24 [1] يامانلارغا رەشك قىلما،
ئۇلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىشنى ئارزۇ قىلما؛
[2] چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلى زوراۋانلىقنىلا ئويلار؛
ئۇلارنىڭ ئاغزى ئازار يەتكۈزۈشنى سۆزلەر.

[3] ئائىلە بولسا دانالىق ئاساسىدا بەرپا قىلىنار؛
چۈشىنىش بىلەن مۇستەھكەملىنەر.
[4] بىلىم بىلەن ئۆينىڭ خانىلىرى ھەرخىل قىممەتلىك، ئېسىل
گۆھەرلەرگە تولدۇرۇلار.

[5] دانا ئادەم زور كۈچكە ئىگىدۇر؛
بىلىمى بار ئادەم قۇدرىتىنى ئاشۇرار.
[6] پۇختا نەسىھەتلەر بىلەن جەڭ قىلغىن؛
غەلىبە بولسا بىردىنبىر ئۇلۇغ مەسلىھەتچى بىلەن بولار.

---

**1:24** زەب. 1:37؛ پەند. 31:3؛ 17:23
**2:24** زەب. 7:10
**5:24** پەند. 22:21
**6:24** «**غەلىبە بولسا بىردىنبىر ئۇلۇغ مەسلىھەتچى بىلەن بولار**» ــ بىزنىڭچە «بىردىنبىر
ئۇلۇغ مەسلىھەتچى» خۇدا ئۆزىنى كۆرسىتىشى كېرەك.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەسلىھەتچىلەر كۆپ بولسا، غەلىبە بولىدۇ».
**6:24** پەند. 14:11؛ 22:15؛ 18:20

7 دانالىق ئەقىلسىز ئادەمگە نىسبەتەن تولىمۇ ئېگىز، چۈشىنىكسىزدۇر؛
چوڭلار شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلغاندا ئۇ زۇۋان ئاچالماس.

8 ئەسكىلىكنى نىيەتلىگەن ئادەم «سۇيىقەستچى» ئاتىلار.
9 ئەخمەقلىقتىن بولغان نىيەت گۇناھدۇر؛
ھاكاۋۇر كىشى ئادەملەرگە يىرگىنچلىكتۇر.

10 بېشىڭغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە جاسارەتسىز بولساڭ،
كۈچسىز ھېسابلىنىسەن.

11 سەۋەبسىز ئۆلۈمگە تارتىلغانلارنى قۇتقۇزغىن؛
بوغۇزلىنىش خەۋپىدە تۇرغانلاردىن ياردەم قولۇڭنى تارتما؛
12 ئەگەر سەن: «بۇ ئىشتىن خەۋىرىمىز يوقتۇر» دېسەڭ،
ھەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تارازىغا سالغۇچى بۇنى كۆرمەسمۇ؟
جېنىڭنى ھايات ساقلىغۇچى ئۇنى بىلمەسمۇ؟
ئۇ ھەربىر ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆز قىلغانلىرى بويىچە ئۆلارنىڭ ئۆزىگە ياندۇرماسمۇ؟

13 ئى ئوغلۇم، ھەسەل تاپساڭ ئىستىمال قىل، ئۇ ياخشىدۇر.
ھەرە كۆنىكىدىن ئالغان ھەسەل بولسا تاتلىق تېتىيدۇ؛
14 دانالىق بىلەن تونۇشساڭ، ئۇمۇ كۆڭلۈڭگە شۇنىڭدەك بولار؛
ئۇنى تاپقىنىڭدا جەزمەن ياخشى كۆرىدىغان كۈنۈڭ بولىدۇ،
ئارزۇ-ئۈمىدىڭ بىكارغا كەتمەس.

---

**7:24** پەند. 6:14

**11:24** زەب. 82:3-4

**12:24** ئايۇپ 34:11؛ زەب. 62:12؛ يەر. 32:19؛ رىم. 2:6؛ ۋەھ. 22:12

**14:24** زەب. 19:11؛ 119:103؛ پەند. 23:18

15 ئى رەزىل ئادەم، ھەققانىينىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىشنى كۈتمە،
ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى بۇلىغۇچى بولما!
16 چۈنكى ھەققانىي يەتتە قېتىم يىقىلىپ چۈشەر،
بىراق ئاخىرى يەنە ئورنىدىن تۇرار.
لېكىن رەزىل كىشى كۈلپەت ئىچىگە پۈتلىشىپ چۈشەر.

17 رەقىبىڭ يىقىلىپ كەتسە خۇش بولۇپ كەتمە،
دۈشمىنىڭ پۈتلىشىپ چۈشسە شادلانما؛
18 پەرۋەردىگار بۇنى كۆرگەندە،
بۇ قىلىقىڭنى ياخشى كۆرمەي،
بەلكىم غەزىپىنى رەقىبىڭگە چۈشۈرمەسلىكى مۇمكىن.

19 يامانلار راۋاج تاپسا، بىئارام بولۇپ كەتمە؛
رەزىللەرگە رەشك قىلما.
20 چۈنكى يامانلارنىڭ كېلەچىكى يوقتۇر،
ئۇنىڭ چىرىغىمۇ ئۆچۈرۈلەر.

21 ئى ئوغلۇم، پەرۋەردىگاردىن قورققىن، پادىشاھنىمۇ ھۆرمەت قىل.
قۇتراتقۇچىلار بىلەن ئارىلاشما.
22 بۇنداق كىشىلەرگە كېلىدىغان بالايىئاپەت ئۇشتۇمتۇت بولار،
پەرۋەردىگار بىلەن پادىشاھنىڭ ئۇلارنى قانداق يوقىتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

---

16:24 ئايۇپ 19:5؛ زەب. 19:34؛ ئام. 2:5؛ 14:8
17:24 ئايۇپ 29:31؛ پەند. 5:17
19:24 زەب. 1:37؛ 3:73؛ پەند. 31:3؛ 17:23؛ 1:24
20:24 ئايۇپ 5:18، 6؛ پەند. 9:13؛ 20:20
22:24 **«پەرۋەردىگار بىلەن پادىشاھنىڭ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «ئۇلار ئىككىسىنىڭ...».

## باشقا ئەقلىيە سۆزلەر

23 بۇلارمۇ ئاقىلانىلەرنىڭ سۆزلىرىدۇر: ــ

سوت قىلغاندا بىر تەرەپكە يان بېسىش قەتئىي بولماس.
24 جىنايەتچىگە: «ئەيىبسىز سەن» دەپ ھۆكۈم چىقارغان كىشىگە،
خەلقلەر لەنەت ئېيتار؛
ئەل-يۇرتلار ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەر.
25 بىراق ئۇلار جىنايەتچىنىڭ گۇناھىنى ئېچىپ تاشلىغان كىشىدىن
خۇرسەن بولار،
ئۇلار ئۇنىڭغا بەخت-سائادەت تىلىشەر.

26 دۇرۇس جاۋاب بەرگۈچى،
گوياكى كىشىنىڭ لەۋلىرىگە سۆيگۈچىدۇر.

27 ئاۋۋال سىرتتا ئىشلىرىڭنىڭ يولىنى ھازىرلاپ،
ئېتىز-ئېرىقلىرىڭنى تەييارلا،
ئاندىن ئۆيۈڭنى سالغىن.

28 يېقىنىڭغا قارشى ئاساسسىز گۇۋاھلىق قىلما؛
ئاغزىڭدىن ھېچ يالغانچىلىق چىقارما.
29 «ئۇ ماڭا قانداق قىلغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىمەن،
ئۇنىڭ ماڭا قىلغىنىنى ئۆزىگە ياندۇرىمەن»، دېگۈچى بولما.

---

23:24 **«قەتئىي بولماس»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ياخشى ئەمەس».

**23:24** مىس. 3:23، 6؛ لاۋ. 15:19؛ قان. 17:1؛ 19:16؛ پەند. 5:18؛ 21:28؛ يـۇھ. 24:7؛ ياق. 1:2

**24:24** پەند. 15:17؛ يەش. 23:5

26:24 **«دۇرۇس جاۋاب بەرگۈچى، گوياكى كىشىنىڭ لەۋلىرىگە سۆيگۈچىدۇر»** ــ ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇلار دۇرۇس جاۋاب بەرگەن كىشىنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈپ قويار».

**29:24** رىم. 12:19، 17

30 مەن ھۇرۇننىڭ ئېتىزلىقىدىن ئۆتتىم،
ئەقىلسىزنىڭ ئۈزۈمزارلىقى يېنىدىن ماڭدىم،
31 مانا، ھەر يېرىدىن تىكەنلەر ئۆسۈپ چىققان،
خوخىلار يەر يۈزىنى بېسىپ كەتكەن،
قورۇق تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن!
32 ئۇلارنى كۆرگەچ، ئويدان ئويلاندىم؛
كۆرگىنىمدىن ساۋاق ئالدىم: ــ
33 سەن: «يەنە بىردەم كۆزۈمنى يۇمۇۋالاي،
يەنە بىردەم ئۇخلىۋالاي،
يەنە بىردەم پۇت-قولۇمنى ئالماپ يېتىۋالاي» ــ دېسەڭ،
34 نامراتلىق بۇلاڭچىدەك سېنى بېسىپ كېلەر،
ھاجەتمەنلىك قالقانلىق ئەسكەردەك ساڭا ھۇجۇم قىلار.

## سۇلايماننىڭ پەند-نەسىھەتلىرىنىڭ داۋامى

25 1 تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغانلىرىمۇ سۇلايماننىڭ پەند-نەسىھەتلىرى؛ بۇلارنى يەھۇدانىڭ پادىشاھى ھەزەكىيانىڭ ئوردىسىدىكىلەر كۆچۈرۈپ خاتىرىلىگەن: ــ

2 پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ــ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئاشكارىلىمىغىنىدا؛
پادىشاھلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ــ بىر ئىشنىڭ سىرىنى يېشەلىگىنىدە.
3 ئەرشنىڭ ئېگىزلىكىنى،
زېمىننىڭ چوڭقۇرلۇقىنى،
ۋە پادىشاھلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى مۆلچەرلەپ بىلگىلى بولماس.
4 ئاۋۋال كۈمۈشنىڭ پوقى ئايرىلىپ تاۋلانسا،

---

33:24 پەند. 10،11:6
2:25 رىم. 33:11

ئاندىن زەرگەر نەپىس بىر قاچا ياساپ چىقار.
[5] ئاۋۋال پادىشاھنىڭ ئالدىدىكى رەزىل خىزمەتكارلىرى قوغلىۋېتىلسە،
ئاندىن ئۇنىڭ تەختى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلار.
[6] پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى ھەممىنىڭ ئالدى قىلىپ كۆرسەتمە،
ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئەربابلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇۋالما؛
[7] ئورنۇڭنى ئۆزۈڭدىن يۇقىرى جانابقا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا پەگاھقا چۈشۈرۈلگىنىڭدىن كۆرە،
ئۆزگىلەرنىڭ سېنى تۆرگە تەكلىپ قىلغىنى ياخشىدۇر.

[8] ئالدىراپ دەۋاغا بارمىغىن،
مۇبادا بېرىپ، يېقىنىڭ ئۈستۈن چىقىپ سېنى لەت قىلسا، قانداق قىلىسەن؟
[9] يېقىنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشسەڭ،
باشقىلارنىڭ سىرىنى ئاچما.
[10] بولمىسا، بۇنى بىلگۈچىلەر سېنى ئەيىبلەيدۇ،
سېسىق نامىدىن قۇتۇلالمايسەن.

[11] ۋاقتى-جايىدا قىلىنغان سۆز،
كۈمۈش رامكىلارغا تىزىلغان ئالتۇن ئالمىلاردۇر.
[12] قۇلاققا ئالتۇن ھالقا، نەپىس ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى ياراشقاندەك،
ئاقىلانىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى كۆڭۈل قويغاننىڭ قۇلىقىغا يارىشار.

---

**5:25** پەند. 8:20، 28
7:25 **«ئورنۇڭنى ئۆزۈڭدىن يۇقىرى جانابقا...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۆز كۆزۈڭ كۆرگەن جانابقا...».
**7:25** لۇقا 7:14-11
**8:25** پەند. 17:18

13 خۇددى ئورما ۋاقتىدىكى تومۇزدا ئىچكەن قار سۇيىدەك،
ئىشەنچلىك ئەلچى ئۆزىنى ئەۋەتكۈچىلەرگە شۇنداق بولار؛
ئۇ خوجايىنلىرىنىڭ كۆكسى-قارنىنى ياشارتار.

14 يامغۇرى يوق بۇلۇت-شامال،
يالغان سوۋغاتنى ۋەدە قىلىپ ماختانغۇچىغا ئوخشاشتۇر.

15 ئۇزۇنغىچە سەۋر-تاقەت قىلىنسا، ھۆكۈمدارمۇ قايىل قىلىنار،
يۇمشاق تىل سۆڭەكلەردىنمۇ ئۆتەر.

16 سەن ھەسەل تېپىۋالدىڭمۇ؟
ئۇنى پەقەت تويغۇچىلا يە،
كۆپ يېسەڭ ياندۇرۇۋېتىسەن.

17 قوشناڭنىڭ بوسۇغىسىغا ئاز دەسسە،
ئۇلار سەندىن تويۇپ، ئۆچ بولۇپ قالمىسۇن.

18 يالغان گۇۋاھلىق بىلەن يېقىنىغا قارا چاپلىغۇچى،
خۇددى گۇرزە، قىلىچ ۋە ئۆتكۈر ئوقىا ئوخشاشتۇر.
19 سۇنۇق چىش بىلەن چايناش،
توكۇر پۇت بىلەن مېڭىش،
كۈلپەت كۈنىدە ۋاپاسىز كىشىگە ئۈمىد باغلىغاندەكتۇر.

---

13:25 **«خۇددى ئورما ۋاقتىدىكى تومۇزدا ئىچكەن قار سۇيىدەك»** — ئىبرانىي تىلدا: «خۇددى ئورما ۋاقتىدىكى قارنىڭ سالقىنىدەك» دېيىلىدۇ.

**13:25** پەند. 17:13

**15:25** پەند. 1:15؛ 14:16

**18:25** زەب. 2:11؛ 4:57؛ 7:59؛ 120:3-4؛ پەند. 18:12

[20] قىش كۈنىدە كىشىلەرنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋېتىش،
ياكى سۇدا ئۇستىگە ئاچچىق سۇ قۇيۇش،
قايغۇلۇق كىشىنىڭ ئالدىدا ناخشا ئېيتقاندەكتۇر.

[21] دۈشمىنىڭنىڭ قورسىقى ئاچ بولسا،
نان بەر؛
ئۇسسىغان بولسا سۇ بەر؛
[22] شۇنداق قىلساڭ، بېشىغا كۆمۈر چوغىنى توپلاپ سالغان بولىسەن،
ۋە پەرۋەردىگار بۇ ئىشنى ساڭا ياندۇرىدۇ.

[23] شىمال تەرەپتىن چىققان شامال قاتتىق يامغۇر ئېلىپ كەلگەندەك،
چېقىمچى شۇم چىرايىنى كەلتۈرەر.
[24] سوقۇشقاق خوتۇن بىلەن ئازادە ئۆيدە بىللە تۇرغاندىن كۆرە،
ئۆگزىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يالغۇز يېتىپ-قوپقان ياخشى.
[25] ئۇسساپ كەتكەن كىشىگە مۇزدەك سۇ بېرىلگەندەك،
يىراق يۇرتتىن كەلگەن خۇش خەۋەرمۇ ئەنە شۇنداق بولار.
[26] پېتىقدىلىپ سۇيى لېيىپ كەتكەن بۇلاق،

20:25 «خام سۇدا ئۇستىگە ئاچچىق سۇ قۇيۇش» — سۇدا ئۇستىگە ئاچچىق سۇ قۇيۇلسا، ئىنتايىن ئاچچىق بىر ھىد چىقىدۇ، شۇڭا مەنىسى: — «يارىغا تۇز سەپكەندەك» دېگەندەك.
20:25 رىم. 15:12
21:25 «دۈشمىنىڭ...» — ئىبرانىي تىلىدا «ساڭا ئۆچ بولغانىڭ...».
21:25 مىس. 4:23، 5؛ رىم. 20:12
22:25 «دۈشمىنىڭنىڭ بېشىغا كۆمۈر چوغىنى توپلاپ سالغان بولىسەن» — بۇنىڭ مەنىسى: «ئۇنى قاتتىق ئۇيالدۇرىسەن». بۇ ئىبارە مىسىردىكى كونا بىر ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر توۋا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بېشىدا بىر سۇەت چوغىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. شۇڭا «ئۇنىڭ بېشىغا كۆمۈر چوغىنى توپلاپ سالىسەن» دېگىنى، ئۇنىڭ توۋا قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيسەن» «ۋىجدانىنى ئويغىتىسەن» دېگەنلىكتۇر.
24:25 «سوقۇشقاق خوتۇن بىلەن ئازادە ئۆيدە بىللە تۇرغاندىن كۆرە،...» — ياكى «سوقۇشقاق خوتۇن بىلەن ئازادە ئۆيدە ئولتۇرغاندىن كۆرە،...».
24:25 پەند. 9،19:21

سۇيى بۇلغىنىپ كەتكەن قۇدۇق،
رەزىللەرگە يول قويغان ھەققانىي ئادەمگە ئوخشاشتۇر.
27 ھەسەلنى ھەددىدىن زىيادە يېيىش ياخشى بولماس؛
بىراق ئۇلۇغلۇقنى ئىزدەشنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ ئىشتۇر.
28 ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشى،
ۋەيران بولغان، سېپىلسىز قالغان شەھەرگە ئوخشايدۇ.

26 1 يازدا قار يېغىش،
ئورما ۋاقتىدا يامغۇر يېغىش قاملاشمىغاندەك،
ئىززەت-ھۆرمەت ئەخمەققە لايىق ئەمەستۇر.
2 لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرگەن قۇچقاچتەك،
ئۇچقان قارلىغاچ يەرگە قونمىغاندەك،
سەۋەبسىز قارغىش كىشىگە زىيان كەلتۈرەلمەس.
3 ئاتقا قامچا، ئېشەككە نوختا لازىم بولغىنىدەك،
ئەخمەقنىڭ دۈمبىسىگە تاياق لايىقتۇر.
4 ئەخمەقنىڭ ئەخمىقانە گېپى بويىچە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىگىن،
جاۋاب بەرسەڭ ئۆزۈڭ ئۇنىڭغا ئوخشاپ قېلىشىڭ مۇمكىن.
5 ئەخمەقنىڭ ئەخمىقانە گېپى بويىچە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگىن،
جاۋاب بەرمىسەڭ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىنى ئەقىللىق دەپ چاغلار.

---

27:25 **«ئۇلۇغلۇقنى ئىزدەشنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ ئىشتۇر»** ــ بىزنىڭچە بۇ ئايەتتىكى «ئۇلۇغلۇق» خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقنى كۆرسىتىدۇ.
—ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلۇغ» بىلەن «ئېغىر» بىر سۆز بولغاچقا، بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى بار: «ئېغىر ئىشلارنى ئويلىنىپ سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئۆزى ئېغىر ئىشتۇر». يەنە باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار، جۈملىدىن «ئۆز ئۇلۇغلۇقنى ئىزدەش ئۇلۇغ ئىش ئەمەس».
28:25 **«ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشى»** ــ «ئۆزىنى تۇتالمايدىغان» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «ئۆز روھىنى ئىدارە قىلالمايدىغان» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.
**28:25** پەند. 32:16
**3:26** زەب. 8:32، 9، 10؛ پەند. 13:10

6 ئۆز پۇتىنى كېسىۋەتكەندەك،
ئۆز بېشىغا زۇلمەت تىلىگەندەك،
ئەخمەقتىن خەۋەر يوللاشمۇ شۇنداق بىر ئىشتۇر.
7 توكۇرنىڭ كارغا كەلمىگەن پۇتلىرىدەك،
ئەخمەقنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان پەند-نەسىھەتمۇ بىكار بولۇر.
8 سالغىغا تاشنى باغلاپ ئاتقاندەك،
ئەخمەققە ھۆرمەت بىلدۈرۈشمۇ ئەخمىقانە ئىشتۇر.
9 ئەخمەقنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان پەند-نەسىھەت،
مەستنىڭ قولىغا سانجىلغان تىكەندەكتۇر.
10 ئۆز يېقىنلىرىنى قارىسىغا زەخىملەندۈرگەن ئوقياچىدەك،
ئەخمەقنى ياكى ئۆدۈل كەلگەن ئادەمنى ياللاپ ئىشلەتكەن خوجايىنمۇ
ئوخشاشلا زەخىملەندۈرگۈچىدۇر.
11 ئىت ئايلىنىپ كېلىپ ئۆز قۇسۇقىنى يالىغاندەك،
ئەخمەق ئەخمەقلىقىنى قايتىلار.
12 ئۆزىنى دانا چاغلاپ مەمنۇن بولغان كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟
ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىماقتىن ئەخمەققە ئۈمىد باغلىماق ئەۋزەلدۇر.
13 ھۇرۇن ئادەم: ــ «تاشقىرىدا دەھشەتلىك بىر شىر تۇرىدۇ،
كوچىدا بىر شىر يۈرىدۇ!» ــ دەپ ئۆيدىن چىقماس.
14 ئۆز مۇجۇقىدا ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇرغان ئىشىككە ئوخشاش،
ھۇرۇن كارىۋاتتا يېتىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆرۈلمەكتە.

---

6:26 **«ئۆز بېشىغا زۇلمەت تىلىگەندەك»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خۇددى زىيان ئىچكەندەك».
8:26 **«سالغىغا تاشنى باغلاپ ئاتقاندەك،...»** ــ تاش سالغىغا باغلاپ قويۇلسا، ئۇنى سالغىدىن چىقارغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.
10:26 **«ئۆز يېقىنلىرىنى قارىسىغا زەخىملەندۈرگەن ئوقياچىدەك، ئەخمەقنى ياكى ئۆدۈل كەلگەن ئادەمنى ياللاپ ئىشلەتكەن خوجايىنمۇ ئوخشاشلا زەخىملەندۈرگۈچىدۇر»** ــ بۇ پەند-نەسىھەتنىڭ باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار.
**11:26** 2پېت. 22:2
**12:26** پەند. 20:29
**13:26** پەند. 13:22

[15] ھۇرۇن قولىنى سۇنۇپ قاچىغا تىققىنى بىلەن،
غىزانى ئاغزىغا سېلىشتىنمۇ ئېرىنەر.
[16] ھۇرۇن ئۆزىنى پەم بىلەن جاۋاب بەرگۈچى يەتتە كىشىدىنمۇ دانا سانار.
[17] كوچىدا كېلىۋېتىپ، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ماجىراغا ئارىلاشقان كىشى،
ئىتنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ سوزغانغا ئوخشاش خەتەرگە دۇچار بولار.
[18] ئۆز يېقىنلىرىنى ئالداپ «پەقەت چاقچاق قىلىپ قويدۇم!» دەيدىغان كىشى،
ئوتقاشلارنى، ئوقلارنى، ھەرخىل ئەجەللىك قوراللارنى ئاتقان تەلۋىگە ئوخشايدۇ.
[20] ئوتۇن بولمىسا ئوت ئۆچەر؛
غەيۋەت بولمىسا، جېدەل بېسىلار.
[21] چوغلار ئۈستىگە چاچقان كۆمۈردەك،
ئوت ئۈستىگە قويغان ئوتۇندەك، جېدەلچى جېدەلنى ئۇلغايتار.
[22] غەيۋەتخورنىڭ سۆزلىرى ھەرخىل نازۇنېمەتلەردەك،
كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلەر.
[23] يالقۇنلۇق لەۋلەر رەزىل كۆڭۈللەرگە قوشۇلغاندا،
ساپال قاچىغا كۈمۈش ھەل بەرگەنگە ئوخشاشتۇر.
[24] ئاداۋەت ساقلايدىغان ئادەم ئۆچىنى گەپلىرى بىلەن ياپسىمۇ،
كۆڭلىدە قات-قات سۇيىقەست ساقلايدۇ.
[25] ئۇنىڭ سۆزى چىرايلىق بولسىمۇ، ئىشىنىپ كەتمىگىن؛

---

**15:26** پەند. 24:19
**20:26** پەند. 10:22
**21:26** پەند. 15:18؛ 29:22
22:26 **«كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلەر»** — ئىبرانىي تىلىدا «كىشىنىڭ قورسىقىنىڭ ئىچكى يەرلىرىگە سىڭدۈرۈلەر».
**22:26** پەند. 8:18

قەلبىدە يەنە قات ئىپلاسلىق باردۇر.
26 ئۇ ئۆچمەنلىكىنى چىرايلىق گەپ بىلەن ياپسىمۇ،
لېكىن رەزىللىكى جامائەتنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنار.
27 كىشىگە ئورا كولىغان ئۆزى چۈشەر؛
تاشنى دومىلاتقان كىشىنى تاش دۈمىلاپ قايتىپ كېلىپ ئۇنى يانجار.
28 ساختا تىل ئۆزى زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەرگە نەپرەتلىنەر؛
خۇشامەت قىلغۇچى ئېغىز ئادەمنى ھالاكەتكە ئېتتىرەر.

27 1 ئەتىكى كۈنۈڭ توغرۇلۇق ماختانما،
چۈنكى بىر كۈنى نېمە بولىدىغىنىڭنىمۇ بىلمەيسەن.
2 سېنى باشقىلار ماختىسۇن، ئۆز ئاغزىڭ مۇنداق قىلمىسۇن،
يات ئادەم سېنى ماختىسۇن، ئۆز لەۋلىرىڭ ئۇنداق قىلمىسۇن.
3 تاش ئېغىر، قۇم خېلى جىق باسار،
بىراق ئەخمەق كەلتۈرىدىغان خاپىچىلىق ئىككىسىدىن تېخىمۇ ئېغىردۇر.
4 غەزەپ رەھىمسىزدۇر،
قەھر بولسا كەلكۈندەك ئادەمنى ئېقىتىپ كېتەر،
بىراق كىم ھەسەتخورلۇق ئالدىدا تاقابىل تۇرالىسۇن؟
5 ئاشكارا ئەيىبلەش يوشۇرۇن مۇھەببەتتىن ئەلادۇر.
6 دوستنىڭ قولىدىن يېگەن زەخمىلەر سادىقلىقتىن بولىدۇ؛
بىراق دۈشمەننىڭ سۆيۈشلىرى ھىيلىگەرلىكتۇر.
7 توق كىشى ھەسەل كۆنىكىدىنىمۇ بىزاردۇر،

---

**27:26** زەب. 7:15-16؛ 9:15؛ 10:2؛ 57:6؛ توپ. 10:8

**1:27** ياق. 4:13، 14

6:27 **«دوستنىڭ قولىدىن يېگەن زەخمىلەر سادىقلىقتىن بولىدۇ»** ــ ياكى «دوستنىڭ قولىدىن يېگەن زەخمىلەر ئادەمنى ھەقىقەتكە يەتكۈزەر».

ئاچ كىشىگە ھەرقانداق ئاچچىق نەرسىمۇ تاتلىق بىلىنەر.
8 يۇرت ماكانىدىن ئايرىلغان كىشى،
ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ يۈرگەن قۇشقا ئوخشار.
9 ئەتىر ۋە خۇشبۇي كۆڭۈلنى ئاچار،
جان كۆيەر دوستىنىڭ سەمىمىي مەسلىھەتى كىشىنى رىغبەتلەندۈرەر.
جان كۆيەر دوستىنىڭ سەمىمىي، خۇشخۇي مەسلىھەتى كىشىنى خۇش قىلۇر.
10 ئۆز دوستۇڭنى، ئاتاڭنىڭ دوستىنىمۇ ئۇنتۇما؛
بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە قېرىندىشىڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ يىلىنما؛
يېقىندىكى دوست، يىراقتىكى قېرىنداشتىن ئەلا.
11 ئى ئوغلۇم، دانا بول، كۆڭلۈمنى خۇش قىل،
شۇنداق قىلغىنىڭدا مېنى مەسخىرە قىلىدىغانلارغا جاۋاب بېرەلەيمەن.
12 زېرەك كىشى بالايىقازانى ئالدىن كۆرۈپ قاچار؛
ساددىلار ئالدىغا بېرىپ زىيان تارتار.
13 ياتقا كېپىل بولغان كىشىدىن قەرزگە تونىنى تۇتۇپ ئالغىن؛
يات خوتۇنغا كاپالەت بەرگەن كىشىدىن كاپالەت پۇلى ئال.
14 قاق سەھەردە تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا دوستىغا بەخت تىلىگەنلىك،
ئۆزىنى قارغاش ھېسابلىنار.
15 يامغۇرلۇق كۈندىكى توختىماي چۈشكەن تامچە-تامچە يېغىن،
ۋە سوقۇشقاق خوتۇن بىر-بىرىگە ئوخشاشتۇر.
16 ئۇنى تىزگىنلەش بورانىنى توسقانغا،

---

7:27 **«توق كىشى ھەسەل كۆنىكىدىنمۇ بىزاردۇر»** ــ ياكى «توق كىشى ھەسەل كۆنىكىنى دەسسىۋېتىدۇ».

**10:27** پەند. 17:17؛ 24:18

**12:27** پەند. 3:22

**13:27** پەند. 1:6، 2؛ 15:11؛ 18:17؛ 16:20

**15:27** پەند. 13:19

ياكى ياغنى ئوتقا قول بىلەن چاڭگاللىغانغا ئوخشاشتۇر.

[17] تۆمۈرنى تۆمۈرگە بىلىسە ئۆتكۈرلەشكەندەك،
دوستلارمۇ بىر-بىرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرەر.
[18] ئەنجۈر كۆچىتىنى پەرۋىش قىلغۇچى ئۇنىڭدىن ئەنجۈر يەيدۇ؛
خوجايىنىنى ئاسراپ كۈتكەن قۇل ئىززەت تاپىدۇ.
[19] سۇدا ئادەمنىڭ يۈزى ئەكس ئەتكەندەك،
ئىنساننىڭ قەلبىنىڭ قانداقلىقى ئۆز يېنىدىكى كىشى ئارقىلىق بىلىنەر.
[20] تەھتىسارا ۋە ھالاكەت ھەرگىز تويمىغاندەك،
ئادەمنىڭ ئاچ كۆزلىرى قانائەت تاپماس.
[21] ساپال قازان كۈمۈشنى، چاناق ئالتۇننى تاۋلار،
ئادەم بولسا ماختالغاندا سىنىلار.
[22] ئەخمەقنى بۇغداي بىلەن بىرگە سەندەلدە تالقان قىلىپ سوقساڭمۇ،
ئەخمەقلىقى يەنىلا ئۇنىڭدا تۇرار.

[23] پادىلىرىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىپ تۇر،
مال-ۋارانلىرىڭدىن ياخشى خەۋەر ئال؛
[24] چۈنكى بايلىقنىڭ مەڭگۈ كاپالىتى بولماس،
تاج-تەختمۇ دەۋردىن-دەۋرگىچە تۇرامدۇ؟
[25] قۇرۇغان چۆپلەر ئورۇلغاندىن كېيىن،
يۇمران چۆپلەر ئۆسۈپ چىققاندا،
تاغ باغرىدىنمۇ ياۋايى چۆپلەر يىغىلغاندا،

---

19:27 **«ئىنساننىڭ قەلبىنىڭ قانداقلىقى ئۆز يېنىدىكى كىشى ئارقىلىق بىلىنەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئىنساننىڭ قەلبىنىڭ قانداقلىقى ئۆز يېنىدىكى كىشىنىڭ قەلبىگە مەلۇم بولار (ئەكس ئېتەر)».

20:27 **«تەھتىسارا»** ــ ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارغان جاي. **«ھالاكەت»** ــ بەلكىم «ھالاك قىلغۇچى» دېگەن يامان بىر پەرىشتىدۇر. «ۋەھ.» 11:9نى كۆرۈڭ.

20:27 توپ. 8:1

26 شۇ چاغدا قوزىلارنىڭ يۇڭلىرى قىرقىلىپ كىيىمىڭ بولار؛
ئۆچكىلەرنى ساتقان پۇلغا بىر ئېتىز كېلەر،
27 ھەمدە ئۆچكىلەرنىڭ سۈتلىرى سېنىڭ ھەم ئائىلىدىكىلىرىڭنىڭ
ئوزۇقلۇقىنى،
دېدەكلىرىڭنىڭ قورسىقىنى تەمىنلەشكىمۇ يېتەر.

28 1 يامانلار ھېچكىم قوغلىمىسىمۇ قاچار؛
بىراق ھەققانىيلار شىر يۈرەك باتۇر كېلەر.
2 يۇرتتا گۇناھلار كۆپەيسە، ئۇنىڭ ئەمىرلىرى كۆپ ئالمىشار،
لېكىن ئۇنى سورىغۇچى يورۇتۇلغان ۋە بىلىملىك بولسا، يۇرت ئامان-
مۇقىم ئۇزۇن تۇرار.
3 مىسكىنلەرگە زۇلۇم سېلىۋاتقان بىر كەمبەغەل،
خۇددى زىرائەتلەرنى ياتقۇزۇپ دېنىنى قويمايدىغان قارا يامغۇرغا
ئوخشايدۇ.
4 تەۋرات قانۇنىدىن ۋاز كەچكەنلەر يامانلارنى ياخشى دەپ ماختار؛
بىراق قانۇننى تۇتقۇچىلار ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلار.
5 رەزىللەر ئادالەتنى چۈشەنمەس؛
بىراق پەرۋەردىگارنى ئىزدىگۈچىلەر ھەممە ئىشنى چۈشىنەر.
6 پەزىلەتلىك يولدا ماڭغان مىسكىن كىشى،
ساختا، ئىككى يۈزلىمە باي ئادەمدىن ياخشىدۇر.
7 تەۋرات-قانۇنغا ئىتائەت قىلغان يىگىت ئەقىللىق ئوغۇلدۇر؛
بىراق نان قېپىلارغا ھەمراھ بولغۇچى ئاتىسىنى نومۇسقا قالدۇرار.
8 جازانىخورلۇق قىلىپ يۇقىرى ئۆسۈم ئارقىلىق بايلىقلار تاپقان كىشى،

**26:27** 1تىم. 8:6
**1:28** لاۋ. 36:26؛ قان. 28:28؛ يەش. 21:57
**6:28** پەند. 1:19
**7:28** پەند. 3:29

ئاخىرىدا بۇلارنى مىسكىنلەرگە خەيرىخاھلىق قىلغۇچىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن توپلىغاندۇر.
9 كىمكى تەۋرات قانۇنىنى ئاڭلىمايمەن دەپ قۇلىقىنى يوپۇرسا،
ھەتتا دۇئالىرىمۇ لەنىتى بولۇپ قالار.
10 كىمكى دۇرۇسلارنى يامان يولغا ئازدۇرسا،
ئۆزى كولىغان ئورىسىغا ئۆزى چۈشەر؛
بىراق پاك-دىيانەتلىك ئادەم ياخشىلىققا مىراسخور بولار.
11 باي دەرۋەقە ئۆزىنى دانا سانار؛
بىراق يورۇتۇلغان مىسكىن ئۇنى ھامان كۆرۈپ يېتەر.
12 ھەققانىيلار غالىبىيەتلىك بولسا،
جاھانغا تەنتەنە قاپلار؛
بىراق يامانلار مەرتىۋىگە چىقسا، خالايىق ئۆزلىرىنى قاچۇرار.
13 ئۆز گۇناھلىرىنى يوشۇرغان كىشى روناق تاپماس؛
بىراق ئۇلارنى تونۇپ ئىقرار قىلىپ، ئۇلاردىن ۋاز كەچكەن كىشى رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشەر.
14 پەرۋەردىگاردىن ھەردائىم قورقۇپ يۈرگەن كىشى شۇنچە بەختلىكتۇر!
بىراق كۆڭلىنى تاش قىلغان بالايىئاپەتكە قالار.
15 ھۆركىرەپ تۇرغان شىر،
ياكى ئوۋنى ئىزدەپ كېزىۋاتقان ئېيىق قانداق بولسا،
يوقسۇل پۇقرالارنىڭ ئۈستىدىكى رەزىل ھاكىممۇ شۇنداقتۇر.
16 يورۇتۇلمىغان ئەمىر ھامان زور بىر زالىم بولۇپ چىقار،
بىراق ھارام بايلىقلارغا نەپرەتلەنسە، تەختىدە ئۇزۇن ئولتۇرار.

---

**8:28** لاۋ. 25:35-37

**10:28** پەند. 26:27

**12:28** پەند. 11:10،11

**13:28** زەب. 32:3، 5؛ 1يۇھ. 1:9، 10

**14:28** **«پەرۋەردىگاردىن ھەردائىم قورقۇپ يۈرگەن كىشى شۇنچە بەختلىكتۇر»** ــ ئەينى تېكىستتە «پەرۋەردىگار» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ. شۇڭا باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «گۇناھ قىلىشتىن ھەردائىم قورقۇپ يۈرگەن كىشى».

17 قان تۆككەن كىشى قەرز بىلەن ھاڭغا قاراپ يۈگۈرەر؛
ئۇنى ھېچكىم توسمىسۇن!
18 سەمىمىي، دىيانەتلىك يولدا ماڭغان قۇتۇلار؛
ئەگكى يولدا ماڭغان ساختا كىشى ئۇلارنىڭ بىرىدە ھامان يىقىلىپ چۈشەر.
19 ئۆز يېرىگە تىرىشىپ ئىشلىگەن دېھقانىنىڭ نېنى يېتىپ ئاشار؛
بىراق بىكار يۈرۈپ خام خىياللارنى قوغلىغان كىشىنىڭ يوقسۇللۇقى مول بولار!
20 راستچىل كىشىنىڭ بەختى كۆپىيەر؛
بىراق باي بولۇشقا ئالدىرىغان كىشى جازادىن قېچىپ قۇتۇلالماس.
21 بىرىگە يان بېسىش قەتئىي بولماس؛
چۈنكى بەزىلەر ھەتتا بىر بۇردا نان ئۈچۈنمۇ گۇناھ ئۆتكۈزەر.
22 نەپسى تويماس كىشى بايلىقلارنى كۆزلەپ ئالدىرايدۇ،
نامراتلىقنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشىدىغىنىدىن بىخەۋەردۇر.
23 باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى ئوچۇق ئەيىبلىگەن كىشى،
ھامان خۇشامەت قىلغۇچىغا قارىغاندا كۆپرەك ئىلتىپات تاپار.
24 ئاتا-ئانىسىنىڭ تەئەللۇقاتىنى ئوغرىلاپ، «بۇ ھېچقانداق گۇناھ ئەمەس» دېگەن كىشى،
ھالاك قىلغۇچىنىڭ شېرىكىدۇر.
25 نەپسى تويمىغۇر كىشى جېدەل-ماجىرا تېرىيدۇ؛

---

17:28 «ئۇنى ھېچكىم توسمىسۇن!» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھېچكىم ئۇنىڭغا ھمايە بولمىسۇن!». تەۋرات قانۇنى بويىچە ئادەمنى تاسادىپىي ئۆلتۈرگەن كىشى «پاناھلىق شەھەر»لەرگە قاچسا بولاتتى. ئەمما گۇناھى بار كىشىلەر ھامان شۇ شەھەرلەردىن ھمايە ئالالمايتتى («چۆل.» 34:6-35نى كۆرۈڭ).

20:28 پەند. 11:13؛ 21:20؛ 4:23

21:28 «قەتئىي بولماس» ــ ئىبرانىي تىلدا «ياخشى ئەمەس».

21:28 پەند. 5:18؛ 23:24

22:28 «نەپسى تويماس كىشى» ــ ئىبرانىي تىلدا «كۆزى يامان كىشى».

بىراق پەرۋەردىگارغا تايانغان كىشى ئەتلىنەر.
[26] ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ئىشەنگەن كىشى ئەخمەقتۇر؛
بىراق دانالىق بىلەن ماڭغان نىجات تاپار.
[27] نامراتلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىغان كىشى موھتاجلىق تارتماس؛
لېكىن ھاجەتمەنىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغان كىشى كۆپلىگەن قارغىشقا ئۇچرار.
[28] يامانلار مەرتىۋىگە چىقسا، خالايىق ئۆزلىرىنى قاچۇرار؛
لېكىن ئۇلار زاۋال تاپسا، ھەققانىيلار راۋاج تاپار.

29 [1] قايتا-قايتا ئەيىبلىنىپ تۇرۇپ يەنە بوينى قاتتىقلىق قىلغان كىشى،
تۇيۇقسىزدىن داۋالىغۇسىز يانجىلار.
[2] ھەققانىيلار گۈللەنسە، پۇقرالىرى شادلىنار،
قەبىھلەر ھوقۇق تۇتسا پۇقرا نالە-پەرياد كۆتۈرەر.
[3] دانالىقنى سۆيگەن ئوغۇل ئاتىسىنى خۇش قىلار؛
بىراق پاھىشىلەرگە ھەمراھ بولغان ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى بۇزۇپ-چاچار.
[4] پادىشاھ ئادالەت بىلەن يۇرتىنى تىنچ قىلار؛
بىراق باج-سېلىق سالغان بولسا، ئۇنى ۋەيران قىلار.
[5] ئۆز يېقىنىغا خۇشامەت قىلغان كىشى،
ئۇنىڭ پۇتلىرىغا تور تەييارلاپ قويغاندۇر.

---

25:28 **«نەپسى تويمىغۇر كىشى»** ــ ياكى «ھالى چوڭ كىشى».
**25:28** پەند. 10:13؛ 18:15؛ 22:29
**27:28** قان. 15:10،8،7؛ پەند. 19:17؛ 9:22
**28:28** پەند. 12:28
**2:29** پەند. 10:11؛ 12،28:28
**3:29** پەند. 10:1؛ 15:20؛ 28:7؛ لۇقا 15:13
4:29 **«بىراق باج-سېلىق سالغان بولسا،...»** ــ ياكى «بىراق پارىخور بولسا،..».

6 رەزىل ئادەمنىڭ گۇناھى ئۆزىگە قاپقان ياساپ قۇرار؛
بىراق ھەققانىي كىشى ناخشىلار بىلەن شادلىنار.
7 ھەققانىي كىشى مىسكىننىڭ دەۋاسىغا كۆڭۈل بۆلۈر؛
بىراق يامانلار بولسا بۇ ئىشنى چۈشەنمەس.
8 ھاكاۋۇر كىشىلەر شەھەرنى قۇترىتىپ داۋالغۇتار؛
بىراق ئاقىلانىلەر ئاچچىق غەزەپلەرنى ياندۇرار.
9 دانا كىشى ئەخمەق بىلەن دەۋالاشسا،
ئەخمەق ھۇرپىيىدۇ ياكى كۈلىدۇ، نەتىجىسى ھامان تىنچلىق بولماس.
10 قانخورلار پاك-دىيانەتلىكلەرگە نەپرەتلىنەر؛
دۇرۇسلارنىڭ جېنىنى بولسا، ئۇلار قەستلەر.
11 ئەخمەق ھەردائىم ئىچىدىكى ھەممىنى ئاشكارا قىلار؛
بىراق دانا ئۆزىنى بېسىۋالار.
12 ھۆكۈمدار يالغان سۆزلەرگە قۇلاق سالسا،
ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتكارلىرى يامان ئۆگەنمەي قالماس.
13 گاداي بىلەن ئۇنى ئەزگۈچى كىشى بىر زېمىندا ياشار؛
ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرغۇچى پەرۋەردىگاردۇر.
14 يوقسۇللارنى دىيانەت بىلەن سورىغان پادىشاھنىڭ بولسا،
تەختى مەڭگۈگە مەھكەم تۇرار.
15 تاياق بىلەن تەنبىھ-نەسىھەت بالىلارغا دانالىق يەتكۈزەر؛
بىراق ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلگەن بالا ئانىسىنى خىجالەتكە

---

**7:29** ئايۇپ 16:29
**10:29** **«دۇرۇسلارنىڭ جېنىنى بولسا، ئۇلار قەستلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىراق دۇرۇسلار ئۇلارنىڭ جېنىدىن خەۋەر ئالار».
**11:29** پەند. 33:14
**13:29** **«گاداي بىلەن ئۇنى ئەزگۈچى كىشى بىر زېمىندا ياشار»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «گاداي بىلەن ئۇنى ئەزگۈچى كىشى بىر-بىرىگە يولۇقار».
**13:29** پەند. 2:22
**14:29** پەند. 28:20؛ 5:25

**قالدۇرار.**
**16 يامانلار گۈللىنىپ كەتسە، ناھەقلىك كۆپىيەر؛**
**لېكىن ھەققانىيلار ئۇلارنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرەر.**
**17 ئوغلۇڭنى تەربىيىلىسەڭ، ئۇ سېنى ئارام تاپقۇزار؛**
**ئۇ كۆڭلۈڭنى سۆيۈندۇرەر.**
**18 پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھيىسى بولمىغان ئەلنىڭ پۇقرالىرى يولدىن**
**چىقىپ باشپاناھسىز قالار؛**
**لېكىن تەۋرات-قانۇنىغا ئەمەل قىلىدىغان كىشى بەختلىكتۇر.**
**19 قۇلنى سۆز بىلەنلا تۈزەتكىلى بولماس؛**
**ئۇ سۆزۈڭنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئېتىبار قىلماس.**
**20 ئاغزىنى باسالمايدىغان كىشىنى كۆرگەنمۇ؟**
**ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتكەندىن، ئەخمەقتىن ئۈمىد كۈتۈش ئەۋزەلدۇر.**
**21 كىمكى ئۆز قۇلىنى كىچىكىدىن تارتىپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسە،**
**كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بېشىغا چىقار.**
**22 تېرىككەك كىشى جېدەل-ماجىرا قوزغاپ تۇرار؛**
**ئاسان غەزەپلىنىدىغان كىشىنىڭ گۇناھلىرى كۆپتۇر.**
**23 مەغرۇرلۇق كىشىنى پەس قىلار،**
**بىراق كەمتەرلىك كىشىنى ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرەر.**
**24 ئوغرى بىلەن شېرىك بولغان كىشى ئۆز جېنىغا دۈشمەندۇر؛**

---

**15:29** پەند. 1:10؛ 24:13؛ 21،25:17؛ 15:22؛ 13:23
**16:29** زەب. 36:37؛ 58:10-11؛ 8:91
**17:29** پەند. 24:13؛ 15:22؛ 13،14:23
**18:29** **«يولدىن چىقىپ باشپاناھسىز قالار»** — بۇ ئىبارە ئىبرانىي تىلىدا ئىككى بىسلىق بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلەنگەن.
**20:29** پەند. 12:26
**21:29** **«كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بېشىغا چىقار»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئاخىردا ئۇ (قۇل) ئۆزىگە پەرزەنتتەك بولۇپ چىقار».
**22:29** پەند. 18:15؛ 21:26
**23:29** ئايۇپ 29:22؛ پەند. 33:15؛ 12:18؛ يەش. 2:66؛ مات. 12:23؛ لۇقا 11:14؛ 14:18؛ ياق. 6،10:4؛ 1پېت. 5:5

ئۇ سوراقچىنىڭ گۇۋاھ بېرىشكە ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلىسىمۇ،
لېكىن راست گەپ قىلىشقا پېتىنالماس.
[25] ئىنسان بالىسىدىن قورقۇش ئادەمنى تۇزاققا چۈشۈرىدۇ؛
بىراق كىمكى پەرۋەردىگارغا تايانغان بولسا، ئۇ بىخەتەر كۆتۈرۈلەر.
[26] كۆپ كىشىلەر ھۆكۈمداردىن ئىلتىپات ئىزدەپ يۈرەر؛
بىراق ئادەمنىڭ ھەق-رىزقى پەقەت پەرۋەردىگارنىڭلا قولىدىدۇر.
[27] ناھەقلەر ھەققانىيلارغا يىرگىنچلىكتۇر؛
دۇرۇس يولدا ماڭغان كىشىلەر يامانلارغا يىرگىنچلىكتۇر.

## ئاگۇرنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى

30 [1] تۇۋەندىكىلەر ياكەھنىڭ ئوغلى ئاگۇرغا ۋەھيي بىلەن
كەلگەن سۆزلەردۇر:
بۇ ئادەم ئىتىيەلگە، يەنى ئىتىيەل بىلەن ئۇكالغا مۇنداق سۆزلەرنى
دېگەن: ــ
[2] مەن دەرۋەقە ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ نادىنى، ھايۋانغا
ئوخشاشتۇرمەن؛
مەندە ئىنسان ئەقلى يوق.
[3] دانالىقنى ھېچ ئۆگەنمىدىم؛

24:29 «...راست گەپ قىلىشقا پېتىنالماس» ــ «لاۋ.» 5:1نى كۆرۈڭ.
24:29 لاۋ. 5:1
25:29 «بىخەتەر كۆتۈرۈلەر» ــ ئىبرانىي تىلدا بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.
26:29 پەند. 6:19
1:30 «ۋەھيي بىلەن كەلگەن سۆزلەر» ــ ئىبرانىي تىلدا «يۈكلەنگەن سۆزلەر» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، پەرۋەردىگارنىڭ ئاگۇرنىڭ دىل-روھىغا يۈكلىگەن سۆزلىرى. «بۇ ئادەم» ــ ياكەھنىڭ ئوغلى ئاگۇر. «ئاگۇر» دېگەننىڭ مەنىسى «توپلىغۇچى». سۇلايمان «توپلىغۇچى» دېگەن كىتابىدا بىرنەچچە ھېكمەت سۆزلەرنى توپلىغانغا ئوخشاش، ئاگۇر بۇ بابتا بىرنەچچە ھېكمەت سۆزلەرنى توپلىغان.

بىراق ئەڭ پاك-مۇقەددەس بولغۇچى ھەققىدە ساۋاتقا ئىگە بولدۇم.
[4] كىم ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن، ياكى ئەرشتىن چۈشكەن؟
كىم شامالنى قوللىرىدا تۇتقان؟
كىم سۇلارنى ئۆز تونىغا يۆگەپ قويغان؟
كىم يەر-زېمىننىڭ چېگرالىرىنى بەلگىلىگەن؟
ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى نېمە؟ بىلەمسەن-يوق؟
[5] تەڭرىنىڭ ھەربىر سۆزى سىنىلىپ ئىسپاتلىنىپ كەلگەندۇر؛
ئۇ ئۆزىگە تاياىغانلارنىڭ ھەممىسىنى قوغدايدىغان قالقاندۇر.
[6] ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچ نەرسە قوشما؛
ئۇنداق قىلساڭ، ئۇ سېنى ئەيىبلەيدۇ،
سېنىڭ يالغانچىلىقىڭ ئاشكارىلىنىدۇ.

[7] ئى خۇدايىم، سەندىن ئىككى نەرسىنى تىلەيمەن؛
مەن ئۆلگۈچە بۇلارنى مەندىن ئايىمىغايسەن: ــ
[8] ساختىلىق ۋە يالغانچىلىقنى مەندىن يىراق قىلغايسەن؛
مېنى گادايمۇ قىلماي، بايمۇ قىلماي، بەلكى ئېھتىياجىمغا لايىقلا رىزىق بەرگەيسەن.
[9] چۈنكى زىيادە تويۇپ كەتسەم، سەندىن يېنىپ: «پەرۋەردىگار دېگەن كىم؟» ــ دەپ قېلىشىم مۇمكىن.
ياكى گاداي بولۇپ قالسام، ئوغرىلىق قىلىپ، سەن خۇدايىمنىڭ نامىغا داغ كەلتۈرۈشىم مۇمكىن.

---

3:30 «بىراق ئەڭ پاك-مۇقەددەس بولغۇچى ھەققىدە ساۋاتقا ئىگە بولدۇم» ــ ئىبرانىي تىلىدائەڭ پاك-مۇقەددەس بولغۇچى ھەققىدىمۇ ساۋاتىم يوقتۇر». بىز بۇ تەرجىمىنى قوبۇل قىلمايمىز، چۈنكى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئېنىقكى، يازغۇچى ھەققەتەن خۇدانى تونۇيدۇ. بىزنىڭچە ئۇنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغىنى، ئىگە بولغان ساۋاتى يالغۇز خۇدانىڭ ۋەھيىسى بىلەنلا كەلگەندۇر.

4:30 ئايۇپ 4:38؛ زەب. 3:104؛ يەش. 12:40

5:30 زەب. 12:6-7؛ 18:30-31؛ 19:7-8؛ 140:119؛ 2تىم. 16:2

6:30 قان. 2:4؛ 32:12؛ ۋەھ. 18:22

10 خوجايىنىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قۇلى ئۇستىدىن شىكايەت قىلما،
بولمىسا ئۇ سېنى قارغاپ لەنەت قىلىدۇ، ئەيىبكار بولىسەن.

11 ئۆز ئاتىسىنى قارغايدىغان،
ئۆز ئانىسىغا بەخت تىلىمەيدىغان بىر دەۋر بار،
12 ئۆزىنى پاك چاغلايدىغان، ئەمەلىيەتتە مەينەتچىلىكىدىن ھېچ
يۇيۇلمىغان بىر دەۋر بار،
13 بىر دەۋر بار ــ ئاھ، كىبىرلىكىدىن نەزىرى نېمىدېگەن ئۈستۈن،
ھاكاۋۇرلۇقىدىن ھالى نېمىدېگەن چوڭ!
14 ئۇنىڭ ئاجىزلار ۋە يوقسۇللارنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان چىشلىرى
قىلىچتەك،
ئېزىق چىشلىرى پىچاقتەك بولغان بىر دەۋر بار!

15 زۈلۈكنىڭ ئىككى قىزى بار، ئۇلار ھەردائىم: «بەرگىن، بەرگىن» دەپ
تۇۋلىشار.
ھەرگىز تويۇنمايدىغان ئۈچ نەرسە بار، ھەرگىز قانائەتلەنمەيدىغان
تۆت نەرسە بار، ئۇلار بولسىمۇ: ــ
16 گۆر، تۇغماس خوتۇننىڭ قارنى،
سۇغا تويۇنمىغان قۇرغاق يەر،
ۋە ھەرگىز «بولدى، تويدۇم» دېمەيدىغان ئوتتىن ئىبارەت.

17 ئاتىسىنى مەسخىرە قىلىدىغان،

13:30 **«ھاكاۋۇرلۇقىدىن ھالى نېمىدېگەن چوڭ!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلارنىڭ قاپاقلىرى نېمانچە كۆتۈرۈلگەن!».
**13:30** پەند. 17:6
**14:30** پەند. 18:12
15:30 **«زۈلۈك»** ــ سۇ ئىچىدە ياشايدىغان قانخور بىر خىل پارازىتتۇر.
16:30 **«گۆر»** ــ مۇشۇ يەردە «گۆر» ئىبرانىي تىلىدا «شېئول»، يەنى «تەھتىسارا»، ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى قىيامەت كۈنىنى كۈتىدىغان يەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئانىسىنى كەمسىتىدىغان كۆزنى بولسا،
قاغا-قۇزغۇنلار چوقۇلار،
بۈركۈتنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇنى يەر.

18 مەن ئۈچۈن ئىنتايىن تىلسىمات ئۈچ نەرسە بار؛
شۇنداق، مەن چۈشىنەلمەيدىغان تۆت ئىش بار: ــ
19 بۈركۈتنىڭ ئاسماندىكى ئۇچۇش يولى،
يىلاننىڭ تاشتا بېغىرلاپ ماڭىدىغان يولى،
كېمىنىڭ دېڭىزدىكى يولى ۋە يىگىتنىڭ قىزغا ئاشىق بولۇشتىكى يولىدۇر.

20 زىناخور خوتۇننىڭ يولىمۇ شۇنداقتۇر؛
ئۇ بىرنېمىنى يەپ بولۇپ ئاغزىنى سۈرتۈۋەتكەن كىشىدەك: «مەن ھېچقانداق يامانلىقنى قىلمىدىم!» ــ دەيدۇ.

21 يەر-زېمىن ئۈچ نەرسە ئاستىدا بىئارام بولار؛
ئۇ كۆتۈرەلمەيدىغان تۆت ئىش بار: ــ
22 پادىشاھ بولغان قۇل،
تاماقا تويغان ھاماقەت،
23 نەپرەتكە پاتقان، ئەرگە تەگكەن خوتۇن،
ئۆز خانىمىنىڭ ئورنىنى باسقان دېدەك.

24 يەر يۈزىدە تېنى كىچىك، لېكىن ئىنتايىن ئەقىللىق تۆت خىل جانىۋار بار: ــ
25 چۈمۈلىلەر كۈچلۈك خەلق بولمىسىمۇ، بىراق يازدا ئوزۇق

---

20:30 **«مەن ھېچقانداق يامانلىقنى قىلمىدىم!»** ــ زىناخور خوتۇننىڭ يولىنىڭ ئاجايىبلىقى بولسا ئۆزىنىڭ ئوپئوچۇق گۇناھىنى ھېچ تونۇمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت.
23:30 **«نەپرەتكە پاتقان»** ــ ياكى «نەپرەتلىك»، «نەپرەتلەنگەن».

تەييارلىۋېلىشنى بىلىدۇ؛
26 سۇغۇرلار ئۆزى ئاجىز بىر قوۋم بولسىمۇ، خادا تاشلارنىڭ ئارىسىغا
ئۇۋا سالىدۇ؛
27 چېكەتكىلەرنىڭ پادىشاھى بولمىسىمۇ، لېكىن قاتار تىزىلىپ
رەتلىك ماڭىدۇ؛
28 كەسلەنچۈكنى قول بىلەن تۇتقىلى بولىدۇ،
لېكىن خان ئوردىلىرىدا ياشايدۇ.

29 قەدەملىرى ھەيۋەتلىك ئۈچ جانىۋار بار،
كىشىگە زوق بېرىپ ماڭىدىغان تۆت نەرسە بار: ــ
30 ھايۋاناتلار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك، ھېچ نېمىدىن قورقماس شىر،
31 زىلۋا بەيگە ئېتى،
تېكە،
ۋە پۇقرالىرى قوللايدىغان پادىشاھدۇر.

32 ئەگەر سەن ئەخمەقلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى بەك يۇقىرى ئورۇنغا
قويۇۋالغان بولساڭ،
ۋە ياكى تەلۋە بىر ئويدا بولغان بولساڭ،
قولۇڭ بىلەن ئاغزىڭنى يۇم!

---

**25:30** پەند. 8:6

**31:30** **«زىلۋا بەيگە ئېتى»** ــ ياكى «بەيگە ئېتى» ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆز بەك ئاز ئۇچرايدۇ. **«پۇقرالىرى قوللايدىغان پادىشاھدۇر»** ــ باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى: «ئاغدۇرۇلماس ۋە ئۆرۈلمەس پادىشاھدۇر» ياكى «ئۆز قوشۇننى باشلىغان پادىشاھدۇر».

**31:30** ئايۇپ 19:39-28

**32:30** **«قولۇڭ بىلەن ئاغزىڭنى يۇم!»** ــ بەلكىم ئىبرانىي تىلىدا «بولدى، بەس!» دېگەن مەنىنى بېرىش مۇمكىن.

**32:30** ئايۇپ 5:21

33 كالا سۈتى قوچۇلسا سېرىق ماي چىقار؛
بۇرنىنىڭ بۇرنى مىجىلسا، قان چىقار؛
ئاداۋەت قوزغاپ ئىنتىقام ئويلىسا جېدەل-ماجىرا چىقار.

## پادىشاھقا نەسىھەت

31 1 تۆۋەندىكىلەر، پادىشاھ لەمۇئەلگە ئۇنىڭ ئانىسى ئارقىلىق
ۋەھىي بىلەن كەلگەن سۆزلەردۇر؛ ئانىسى بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا
ئۆگەتكەن:
2 ئى ئوغلۇم، ئى مېنىڭ ئامرىقىم، قەسەملەر بىلەن تىلىگەن
ئارزۇلۇقۇم، مەن ساڭا نېمە دەي؟
3 كۈچ-قۇۋۋىتىڭنى ئايال-خوتۇنلار تەرىپىگە سەرپ قىلمىغىن؛
ياكى پادىشاھلارنىمۇ ۋەيران قىلىدىغان ئىشلارغا بېرىلگۈچى بولما!
4 ئى لەمۇئەل، شاراب ئىچىش پادىشاھلارغا لايىق ئەمەس،
ئەمىرلەرگىمۇ هاراقا خۇمار بولۇش ياراشماس.
5 بولمىسا ئۇلار شاراب ئىچىپ، مۇقەددەس بەلگىلىمىلەرنى ئۇنتۇپ،
بوزەك بەندىلەرنىڭ ھەققىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

---

33:30 **«كالا سۈتى قوچۇلسا ... بۇرنىنىڭ بۇرنى مىجىلسا.... ئاداۋەت قوزغاپ ئىنتىقام ئويلىسا ...»** — بۇ جۈملىدىكى «قوچۇلسا» «مىجىلسا» ۋە «قوزغاپ ... ئويلىسا» ئىبرانىي تىلدا ئوخشاش بىر پېئىل بىلەن ئىپادىلەنگەن.

1:31 **«پادىشاھ لەمۇئەل»** — بەزى ئالىملار «لەمۇئەل»نى سۇلايماننىڭ ئانىسى بات-شېبا ئۇنىڭغا قويغان لەقەم، دەپ قارايدۇ. ئىسرائىل ئۈستىدىن هۆكۈم سۈرگۈچىلەر ئارىسىدا «لەمۇئەل» ئىسىملىك بىر پادىشاھ بىزگە نامەلۇم. «لەمۇئەل» دېگەننىڭ مەنىسى: «خۇدا ئۈچۈن». **«ۋەھىي بىلەن كەلگەن سۆزلەر»** — ئەگەر بۇ باب «ئاگۇر»نىڭ (1:30) سۆزىنىڭ داۋامى بولسا، ئۇنداقتا «ۋەھىي بىلەن كەلگەن سۆزلەر» پەرۋەردىگارنىڭ ئاگۇرنىڭ «دىل-روھىغا يۈكلىگەن سۆزلىرى»نىڭ داۋامىنى كۆرسىتىدۇ.

2:31 **«ئى مېنىڭ ئامرىقىم»** — ئىبرانىي تىلدا «ئى بالىياتقۇمنىڭ بالىسى!». **«قەسەملەر بىلەن تىلىگەن ئارزۇلۇقۇم!»** — ئىبرانىي تىلدا «ئى قەسەملىرىمنىڭ بالىسى!».

3:31 **«ئاياال-خوتۇنلار تەرىپىگە»** — دېمەك، جىنسىي ھەۋەسلەرگە.

**3:31** قان. 17:17

6 كۈچلۈك ھاراق ئۆلگۈسى كەلگەنلەرگە، ھەسرەتكە چۆمگەنلەرگە
بېرىلسۇن!
7 ئۇلار شارابنى ئىچىپ، مىسكىنلىكىنى ئۇنتۇپ،
قايتىدىن دەرد-ئەلىمىنى ئېسىگە كەلتۈرمىسۇن!
8 ئۆزلىرى ئۈچۈن گەپ قىلالمايدىغانلارغا ئاغزىڭنى ئاچقىن،
ھالاك بولاي دېگەنلەرنىڭ دەۋاسىدە گەپ قىل.
9 سۆكۈت قىلما، ئۇلار ئۈچۈن ئادىللا ھۆكۈم قىل،
ئېزىلگەنلەرنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بول.

## پەزىلەتلىك ئايال

10 |א| پەزىلەتلىك ئايالنى كىم تاپالايدۇ؟
ئۇنىڭ قىممىتى لەئەل-ياقۇتلاردىنمۇ زور ئېشىپ چۈشىدۇ.
11 |ב| ئېرىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا تايىنىپ خاتىرجەم تۇرىدۇ،
ئۇ بولغاچقا ئېرىنىڭ ئالغان ئولجىسى كەم ئەمەستۇر!
12 |ג| ئۇ ئۆمۈر بويى ئېرىگە ۋاپادار بولۇپ ياخشىلىق قىلىدۇ،
ئۇنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ.
13 |ד| ئۇ قوي يۇڭى ۋە كەندىر تېپىپ،
ئۆز قولى بىلەن جان دەپ ئەجىر قىلىدۇ.
14 |ה| ئۇ سودا كېمىلىرىگە ئوخشاش،

---

7:31 «**ئۇلار شارابنى ئىچىپ، ... قايتىدىن دەرد-ئەلىمىنى ئېسىگە كەلتۈرمىسۇن!**» — بۇ سۆزلەر كىنايىلىك، ھەجۋىي بولغىنى بىلەن، مىسكىنلەرنىڭ شاراب ئىچىش سەۋەبىگىمۇ ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئايەت ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىز تەستىقلىغان ئەمەس. كۆزدە تۇتۇلغىنى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتىدىن ئىبارەتتۇر.

**9:31** لاۋ. 15:19؛ قان. 16:1

10:31 «**پەزىلەتلىك ئايالنى كىم تاپالايدۇ؟...**» — كېيىنكى 22 ئايەت شېئىر بولۇپ، ئىبرانىي تىلدا ئالاھىدە شەكىلگە ئىگە. ئىبرانىي يېزىقىدا 22 ھەرپ بار. بۇ 22 ئايەتنىڭ ھەربىرى ئىبرانىي ئېلىپبە تەرتىپىگە ئاساسەن باشلىنىدۇ (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى بولسا، ئا-، ئە-، ب- قاتارلىق ھەرپلەر بىلەن باشلانغانغا ئوخشاش).

**10:31** پەند. 4:12

ئائىلىنى بېقىشتىكى ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى يىراق جايلاردىن توشۇيدۇ.
15 |ו| تاڭ يورۇماستا ئۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ،
ئائىلىسىدىكىلەرگە يېمەكلىك تەييارلايدۇ،
خىزمەتكار-دېدەكلەرگە نېسۋىسىنى تەقسىم قىلىدۇ.
16 |ז| ئۇ بىر پارچە ئېتىزنى ئۆزى كۆرۈپ ئالىدۇ؛
قولى بىلەن يىغقان دارامەتتىن ئۇ بىر ئۈزۈمزار بىنا قىلىدۇ.
17 |ח| ئىشقا قاراپ ئۇ بېلىنى كۈچ بىلەن باغلار،
بىلەكلىرىنى كۈچلەندۈرەر؛
18 |ט| ئۆز ئىشىنىڭ پايدىلىقلىقىغا كۆزى يېتەر،
كېچىچە چىرىغىنى ئۆچۈرمەي ئىش قىلار.
19 |י| ئۇ قوللىرى بىلەن چاقنى چۆرەر،
بارماقلىرى يىپ ئۈرچۈقنى تۇتار.
20 |כ| ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى ئۇزىتار؛
ھاجەتمەنلەرگە قوللىرىنى سوزار.
21 |ל| قار ياغقاندا ئۇ ئائىلىسى توغرۇلۇق ئەندىشە قىلمايدۇ،
ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە قىزىل كىيىملەر كىيدۈرۈلگەن.
22 |מ| كارىۋات ياپقۇچلىرىنى ئۆزى توقۇيدۇ؛
ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى كاناپ ۋە سۆسۈن رەختتىندۇر.
23 |נ| ئېرىنىڭ شەھەر دەرۋازىلىرىدا ئابرۇيى بار؛
شۇ يەردە ئۇ يۇرتتىكى ئاقساقاللار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.
24 |ס| ئۇ نەپىس كاناپتىن كىيىم-كېچەك تىكىپ ئۇنى ساتىدۇ؛
بەلۋاغلارنى تىكىپ سودىگەرلەرنى تەمىنلەيدۇ.
25 |ע| كىيىمى كۈچ-قۇدرەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەتتۇر؛
ئۇ كېلەچەككە ئۈمىد بىلەن كۈلۈپ قارايدۇ.
26 |פ| ئاغزىنى ئاچسىلا، دانا سۆز قىلىدۇ،

---

15:31 **«... نېسۋىسىنى تەقسىم قىلىدۇ»** ــ ياكى «... ئىشنى تەقسىم قىلىدۇ».

23:31 **«ئېرىنىڭ شەھەر دەرۋازىلىرىدا ئابرۇيى بار»** ــ كونا ئۆرپ-ئادەتلەر بويىچە، يۇرتتىكى ئاقساقاللار شەھەر دەرۋازىدا يىغىن ئېچىپ سوت قىلاتتى.

تىلىدا مېھرىبانە نەسىھەتلەر بار.

27 |צ| ئائىلىسىدىكى ئىشلاردىن دائىم خەۋەر ئالىدۇ،
بىكارغا نان يېمەيدۇ.

28 |ק| پەرزەنتلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بەخت-بەرىكەت تىلەيدۇ؛
ئېرىمۇ مۇبارەكلەپ ئۇنى ماختاپ: ــ

29 |ר| «پەزىلەت بىلەن ياشىغان ئاياللار كۆپتۇر،
بىراق سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىسەن» ــ دەيدۇ.

30 |ש| گۈزەللىك سېھرى ئالدامچىدۇر،
ھۆسن-جامالمۇ پەقەت بىر كۆپۈك، خالاس،
پەقەت پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغان ئاياللا ماختىلىدۇ!

31 |ת| ئۇ ئۆز مېھنىتىنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولسۇن!
ئەجىرلىرى ئۇنى دەرۋازىلاردا ھۆرمەت-شۆھرەتكە ئېرىشتۈرسۇن!

---

31:31 **«ئەجىرلىرى ئۇنى دەرۋازىلاردا ھۆرمەت-شۆھرەتكە ئېرىشتۈرسۇن!»** ــ يۇقىرىقى ئىزاھاتتا دېيىلگەندەك، شەھەر دەرۋازىلىرى ئاقساقاللار ئولتۇرىدىغان ئورۇن بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ.

# قوشۇمچە سۆز

## پەند-نەسىھەتلەردە تىلغا ئېلىنغان بەخت-بەرىكەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ ئىسرائىل خەلقى بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئوقۇرمەنلەر «پەند-نەسىھەتلەر»دە خۇدانىڭ ئەمرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلغانلارغا نۇرغۇن بەخت-بەرىكەتلەرنى، جۈملىدىن باياشاتلىق، سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرنى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئالتۇندەك ۋەدىلىرىنى بايقىغان بولسا كېرەك. مەسىلەن: —

«ئى ئوغلۇم، تەلىمىمنى ئۇنتۇما،
دىگەنلىرىمنى ھەمىشە كۆڭلۈڭدە چىڭ تۇت.
چۈنكى ئۇ ساڭا بەرىكەتلىك كۈنلەر، ئۇزۇن ئۆمۈر،
خاتىرجەملىك قوشۇپ بېرىدۇ» (3:1-2)
«ئۆزۈڭنى ئەقىللىق سانىما؛
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىپ، يامانلىقتىن يىراق بول.
شۇنداق قىلغىنىڭدا، بۇ ئىشلار دەردىڭگە دەرمان،
ئۇستىخانلىرىڭغا يىلىك بولىدۇ.
پەرۋەردىگارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ مال-دۇنيايىڭدىن ھەدىيەلەرنى سۇنغىن،
ئېتىزىڭدىن تۇنجى چىققان مەھسۇلاتلىرىڭدىن ئۇنىڭغا ئاتىغىن؛
شۇنداق قىلغىنىڭدا، ئامبارلىرىڭ ئاشلىققا تولۇپ تاشىدۇ،
شاراب كۆلچەكلىرىڭدە يېڭى شاراب ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ» (3:7-10).

بەزى ئىزاھاتلىرىمىزدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، بۇ ۋەدىلەرنىڭ ئاساسى خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقى بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىدۇر. ئەھدىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق سالساڭلار، مېنىڭ ئەمرىم بويىچە ماڭساڭلار، مەن سىلەرنى بەرىكەتلەيمەن، قوغدايمەن؛ ئەمما ماڭا قۇلاق سالمىساڭلار، ئۇنداقتا مېنىڭ تەربىيە جازالىرىم ئاستىغا كېلىسىلەر» دېگەندەك بولىدۇ («مىس.» 19:6-7، «لاۋ.» 26-باب، «قان.» 28-بابنى كۆرۈڭ). ئىسرائىل خەلقى ئەھدە بويىچە ياشىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ زېمىنى بارغانسېرى يېڭى بىر «ئېرەم باغچىسى»دەك بولۇپ كەتكەن بولاتتى ۋە ئۇلار مۇيەسسەر بولغان سەلتەنەت ئارقىلىق خۇدا بۇ بەخت-بەرىكەتنى پۈتكۈل دۇنياغا يەتكۈزگەن بولاتتى؛ ئىبراھىمغا ۋەدە قىلغىنىدەك: - «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ!» («يار.» 3:12).

بىز بۇ ئىشلار توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى بايقايمىز: -

(1) ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتىكى تارىخىي قىسىملاردىن بايقىيالايدۇكى، ئىسرائىل خۇدانىڭ ئەھدىسىدە تۇرغان ئەمەس. ھەتتا خۇدا ئۇلارنىڭ يېنىغا ھەقىقىي پادىشاھنى، يەنى مەسىھنى ئەۋەتكەندە، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى رەت قىلىپ: «رىم ئىمپېراتورى قەيسەردىن باشقا ھېچ پادىشاھىمىز يوقتۇر!» دەپ ۋارقىرىغان («يۇھ.» 5:19).

شۇنىڭ بىلەن، گەرچە ئىخلاسمەن ئادەملەرلا «پەند-نەسىھەتلەر»دە كۆرسىتىلگەن بەخت-بەرىكەتلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل ئەل ئۇلارغا مۇيەسسەر بولماي كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىخلاسمەنلەر بەزىدە خۇدانىڭ «پەند-نەسىھەتلەر»دىكى ۋەدىلىرى بويىچە ئەسلىدە كۆرۈشكە تېگىشلىك بەخت-بەرىكەتلەردىن باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن مەھرۇم بولدى. دانىيال پەيغەمبەر بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئۇنىڭ كۆنلىرىدە، ئىسرائىل خەلقى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن بابىلغا سۈرگۈن قىلىندى. دانىيال ئۆزى ئىخلاسمەن يىگىت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇتپەرەسلىكىگە ھەمراھ بولمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار بىلەن جاپا تارتىپ، بابىلغا سۈرگۈن بولغان. شۇ يەردە ئۇنىڭ ئېتىقادى كۆپ سىناقلارغا دۇچ كەلگەندىن كېيىن ئۇ «پەند-نەسىھەتلەر»دە ۋەدە قىلىنغان بەخت-بەرىكەتلەرنىڭ كۆپىنى، يەنى ئۇزۇن ئۆمۈر، خۇدانىڭ باشپاناھلىقى ۋە باياشاتلىقنى كۆرگەن. تەۋرات دەۋرىدە، خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ

تارىخلىرىدىن كۆپى ئۇنىڭكىدەك بولغان بولسا كېرەك.

(2) ئەمدى ئىنجىل دەۋرىدىكى ئېتىقاد قىلغۇچىلار «پەند-نەسىھەتلەر»دە ۋەدە قىلىنغان شۇ بەخت-بەرىكەتلەرگە مۇيەسسەر بولامدۇ؟

«كورىنتلىقلارغا (2)»دە مۇنداق ئوقۇيمىز: «چۈنكى خۇدانىڭ قانچىلىك ۋەدىلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى مەسىھدە) «بەرھەق»تۇر، ۋە بىز ئارقىلىق ئۇنىڭدىمۇ خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان "ئامىن" باردۇر» (20:1).

بىز شۇنى شەكسىز دېيەلەيمىزكى، خۇدا ئىسرائىلغا ۋەدە قىلغان جىسمانىي جەھەتتىكى بەخت-بەرىكەتلەر ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن»دا مۇتلەق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ – ئۇزۇن ئۆمۈر (ئەمەلىيەتتە «مەڭگۈلۈك ھايات»)، ساق-سالامەت بىر تەن (يېپيېڭى بىر تەن، ئۇنىڭدا ھېچ ئاغرىق-سىلاق، يىغا-زار ياكى ئازاب بولمايدۇ – «1كور.» 15:50-54، «ۋەھ.» 7:17، 21:4) ۋە ساناقسىز بايلىق بولىدۇ («1كور.» 2:9). ھازىرقى دەۋرىمىزدە بولسا خۇدانىڭ مۇددىئا-مەقسىتى روھ-قەلبىدە ھەر جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش، «ئۆزىنىڭ سۈرىتى» بولغان بىر قوۋمغا ئىگە بولۇش، شۇنداقلا ئۇلارغا بارلىق روھىي بەخت-بەرىكەتلىرىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر («ئەف.» 1:3). بۇ بەخت-بەرىكەتلەرنىڭ قىممىتى ھەرقانداق جىسمانىي بەخت-بەرىكەتلەرنىڭ قىممىتىدىن ئاسماننىڭ زېمىندىن يۇقىرى بولغىنىدەك يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۆز خەلقى مۇشۇ بەخت-بەرىكەتلەرگە مۇيەسسەر قىلىنىش ئۈچۈن ھەرتۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ ۋە دەرۋەقە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ پاكلىنىشى ۋە تاۋلىنىشى ئۈچۈن شۇنداق بولۇشى كېرەك (مەسىلەن، «زەبۇر» 94:1-7نى كۆرۈڭ). رەببىمىزنىڭ ئۆز سۆز-كالامىنى قوبۇل قىلىپ ئېتىقادقا كىرگەنلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى كۆرۈڭ: «سۆز-كالامنى دەپ قىيىنچىلىق ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغىنىدا» (ئۇچرىماي قالمايدۇ)... («مات.» 21:13). بىز ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولساق، ھەرتۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە يۈزلىنىشكە تەييار تۇرۇشىمىز لازىملىقى توغرىسىدىكى ئۇنىڭ باشقا سۆزلىرىنى كۆرۈڭ (مەسىلەن، «مات.» 10:38، 16:24، «مار.» 8:34) ۋە شۇنداقلا پېترۇس، ياقۇپ، پاۋلۇس ۋە بارلىق روسۇللارنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدىكى سۆزلىرىنىمۇ كۆرۈڭ (مەسىلەن، «روس.» 14:22، «رىم.» 5:3، «كول.» 1:24، «فىل.» 1:29،

«1تىس.» 2:13-16، «2تىس.» 1:4، «2تىم» 2:3، «1پېت.» 1:6، 1:19-24، «ياق.» 5:10). خۇدانىڭ بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەردە نۇرغۇن مۇددىئا-مەقسەتلىرى باردۇر (مەسىلەن، «كولوسسىلىكلەرگە»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدىكى 1:24 توغرۇلۇق شەرھلىرىمىزنى كۆرۈڭ). ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق ئېتىقادچىلار خۇدانىڭ «تەربىيىلىك جازالىرى»غا ئۇچرايدۇ (مەسىلەن، «ئىبر.» 12:5-17 بىلەن «پەند.» 3:11-12، «2كور.» 5:9، «1كور.» 5:1-5، 10:26-34نى كۆرۈڭ).

شۇنداق دېگىنىمىز بىلەن ھەربىر ئېتىقادچىغا «پەند-نەسىھەتلەر»دە بېرىلگەن بارلىق نەسىھەتنىڭ مەڭگۈلۈك قىممىتى باردۇر. ئۆزىنى رەزىللىكتىن ساقلاشقا، ئالدام خالتىغا چۈشمەسلىككە ۋە ئالدامچىلارنى پەرق ئېتىشكە، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشقا، ئۇلارغا تەربىيە بېرىشكە ۋە بارلىق ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىغا، شۇنداقلا شۇلار ئارقىلىق ئۇلاردا خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈشكە ۋە باشقىلارغا ياردەم يەتكۈزۈشكە كىمگە دانالىق كېرەك بولمىسۇن؟ بۇ قىممەتلىك ھەقىقەتلەر مەزكۇر كىتابتا تېپىلىدۇ. كىمكى ئۆزىنى شۇلارنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ، ئۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرسە، ئىنسانلار ئارىسىدا دانالىق ۋە بىلىمنىڭ بايلىقلىرى بىلەن تولغان ئەڭ باي ئادەم بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك، «پەند-نەسىھەتلەر»دىكى ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ بىز مۇزاكىرە قىلىۋاتقان شۇ جىسمانىي بەخت-بەرىكەتلەرگىمۇ (بولۇپمۇ سالامەتلىك جەھەتتىن) نېسىپ بولىدىغان ئەھۋاللار ئاز ئەمەس.

## «پەند-نەسىھەتلەر»دە كۆپ سۆزلەر نىمىشقا كۆرۈنۈشتە قىز-ئاياللارغا ئەمەس، بەلكى ئەرلەرگىلا نىشان قىلىنىدۇ؟

بۇ يەردە بۇ سوئالغا سەھىپە چەكلىمىسى بىلەن تولۇق جاۋاب بېرەلمەيمىز. ئەمما شۇنى ئېنىق دېيىشىمىز كېرەككى، مۇقەددەس كىتابتىكى بارلىق تەلىملەرگە ئاساسەن ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەربىرى خۇدا ئالدىدا ئوخشاش قىممەتلىكتۇر. روھىي جەھەتتىن ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. مەسىھ بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن، ئەرلەر ئۈچۈن، ئاياللار ئۈچۈن ئۆلدى؛ ئۆلۈمدىن تىرىلىشتە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا پەرق بولمايدۇ (مەسىلەن، «مات.» 30:22 ۋە «1كور.» 1:11-16نى ۋە شۇ مەكتۇپتىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى ۋە شۇ ئايەتلەر ئۈستىدە توختالغىنىمىزنىمۇ كۆرۈڭ).

ھالبۇكى، ئۆي ئىچىدە خۇدا ئەرنى ئائىلىغا، شۇنداقلا ئائىلىسىدىكى بارلىق كىشىلەرگە باش قىلغان (يەنە «1كور.» 1:11-16نى ۋە شۇ مەكتۇپتىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ). شۇڭا ئائىلىدە ئەر كىشىنىڭ كۆپرەك جاۋابكارلىقى باردۇر. «يېڭى ئەھدە»نى قوبۇل قىلغانلار، يەنى خۇدانىڭ نىجاتلىقى بىلەن «يېڭى قەلب ۋە يېڭى روھ»نى قوبۇل قىلغانلار توغرۇلۇق خۇدا: «تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە سالىمەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ يازىمەن» ۋە «ئۇلارنىڭ ھەممىسى، يەنى ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە مېنى بىلىپ بولغان بولىدۇ» دەيدۇ («يەر.» 31:31-34). شۇڭا ئۆيدىكى مۇھىم قارارلاردا خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئۆز ئىرادىسى توغرۇلۇق ھەم ئەر كىشىنىڭ قەلبىدە ھەم ئايال كىشىنىڭ قەلبىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز؛ قارارلارنىڭ تۈپ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى بولسا يەنىلا ئەر كىشىدە تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

تەۋرات دەۋرىدە ئىسرائىل خەلقىدە قىزلار ياتلىق بولغۇچە ئادەتتە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن كۆپ چىقماي تۇراتتى. ئۇزلىرى ئۈچۈن قارار قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ دائىرىسى سەل چەكلىك ئىدى. شۇڭا «پەند-نەسىھەتلەر»دىكى جېكىلەشلەر ۋە نەسىھەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزلىرىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولغان ئەرلەرنى نىشان قىلىدۇ. ئەرلەر مەزكۇر كىتاب بويىچە ئۆيدىكى ئىشلارنى سەممىيلىك، ئادىللىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن بېجىرسە، قايسى ئايال ياكى قىز نارازى بولىدۇ

ياكى ئاغرىنىدۇ؟ ھالبۇكى، بۇگۇنكى جەمئىيەتتە يېڭى قەلب ۋە يېڭى روھنى قوبۇل قىلغانلارغا نىسبەتەن، ئەر بولسۇن، ئاپال بولسۇن «پەند-نەسىھەتلەر»دىكى سۆزلەر ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدۇ ۋە تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

ئوقۇرمەنلەر كۆرگەندەك، «پەند-نەسىھەتلەر»دە قىز-ئاياللارنى «تۆۋەن كۆرۈش» ياكى «كەمسىتىش» مەۋجۇت ئەمەستۇر. باللارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى ۋە ياخشى چوڭ بولۇشىدا ئاتىنىڭ تەلىم-تەربىيىسى ھەم ئانىنىڭ تەلىم-تەربىيىسى ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈلىدۇ (8:1، 20:6، 17:30، 1:31). 20:1-33دە، 1:4-13دە، 8-باب ۋە 9-بابتا «دانالىق» ئادەملەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاپال كىشى سۈپىتىدە سۆزلەيدۇ. «پەند-نەسىھەتلەر»دىكى بەزى ھېكمەتلىك سۆزلەر دىققىتىمىزنى پەزىلەتلىك ئاپال كىشىنىڭ ئۆز پەزىلىتى ۋە نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىغا تارتىدۇ (بۇ كۈرەشلەر بەزى ۋاقىتلاردا يوشۇرۇن بولىدۇ – مەسىلەن، 16:11). ئاخىرقى 31-بابتا «پەزىلەتلىك ئاپال»نى بايان قىلغان گۈزەل شېئىرنى كۆرىمىز (31:10-31). ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچى بولغاچقا (11:31)، ئۆي ئىچىدە ئۇنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى بارلىقى كۆرۈلىدۇ ۋە ئېرى دەرۋەقە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن كۆپ پايدا كۆرىدۇ. ئۇ ئېسىل رەختلەرنى تاللاپ سېتىۋېلىپ، ئۆيدىكىلەرگە كىيىملەرنى تىكىپ بېرىدۇ ۋە كىيىم تىكىپ ساتىدۇ (13:31-14، 21-22، 24)؛ ئۇ كەمبەغەللەرگە كۆپ خەير-ساخاۋەتلىك قىلىدۇ؛ ھەتتا بىر پارچە يەرنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ سېتىۋالىدۇ (16:31). مۇشۇنداق ئەركىنلىك ۋە ئىشەنچ بولغان ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن بەختلىك مۇناسىۋەتتۇر؛ ۋە دەرۋەقە خۇدا بىلەن يېقىن ئالاقىدە ياشاي دېگەنلەر ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتى توغرىسىدىكى ئىرادىسى دەل شۇنداق بولۇشتۇر.

# تەۋرات 21-قىسىم

# «ھاياتلىق ھېكمەتلىرىنى توپلىغۇچى»

ياكى

# «ھېكمەت توپلىغۇچى»

## ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيتى نېمە؟

ئوقۇرمەنلەر ئالدىدىكى بۇ كىتاب «مۇقەددەس يازمىلار» ئىچىدىكى ئالاھىدە كىتابلارنىڭ بىرى. كىتابنىڭ ئاۋۋالقى جۈملىلىرى بىزگە ئۇنىڭ يازغۇچىسىنىڭ سۇلايمان پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەزكۇر كىتاب ھاياتنىڭ ئەھمىيتىنى ئىزدەش توغرىسىدا يېزىلغان؛ كۆرۈنۈشتە ئۇ ئۇمىدسىزلىككە تولغان بىر كىتاب – بىۋاستە ياكى يوشۇرۇن سوئاللارنى، جاۋابسىز ياكى «يېرىم جاۋابلىق» سوئاللارنى سورايدىغان كىتابتۇر. تولۇق مۇقەددەس كىتابنىڭ تۆرتلۈك قىسىملىرى ئارىسىدا بەلكىم خۇدادىن قورقمايدىغان «ھازىرقى زامان كىشىلىرى» ئۇنى ئۆزىگە ئەڭ تونۇش، ئۆز كۆزقارىشى ۋە ھېسسىياتلىرىغا ئەڭ يېقىن دەپ قارىشى مۇمكىن. كۆرۈنۈشتە كىتاب مۇتلەق ئۈمىدسىزلىككە تولغان بىر بايان بىلەن باشلىنىدۇ: «بىمەنىلىك ئۈستىگە بىمەنىلىك! بىمەنىلىك ئۈستىگە بىمەنىلىك! ھەممە ئىش بىمەنىلىكتۇر!». «مەۋجۇدىيەتزم پەلسەپىسى («ئېكسىستېنتسىئالىزم» دەپمۇ ئاتىلىپ، فرانسىيە پەيلاسوپى ژون پاۋل ساتىرنىڭ كۆز قاراشلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن) يېقىندا پەيدا بولغان» دەيدىغان كىشىلەر جەزمەن «ھېكمەت توپلىغۇچى» دېگەن

كىتابنى ھېچ ئوقۇپ باقمىغانلاردۇر. ئىسرائىل پادىشاھى سۇلايمان بىشىدىن ھەرخىل سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆتكۈزگەن، كۆپ تەجرىبىلەرگە ئېرىشكەن ئادەم؛ ئۇ قۇرۇلۇش، يېزا ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك، ئىلىم-پەن قاتارلىق ھەرخىل ساھەلەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئويلىغانلىرىنى يولغا قويۇپ سىنايدۇ، ئاندىن ئۆتكۈر زېھنىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭدىن قانداق مۇۋاپىق خۇلاسىلەرنى چىقارغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ.

ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا چوڭقۇر ئىزدەنگەن، شۇنداقلا خۇداسىز ئۆتكەن ھاياتتىكى ئىشلارنىڭ بىمەنىلىكى توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە سۇلايماندەك كۈچلۈك كىتاب يازغۇدەك باشقا بىر ئادەم بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭدا شارائىت، بايلىق، خۇدا تەقدىم قىلغان ئالاھىدە كاللا-زېھىن ۋە دانالىق، خەلقئارالىق ئالاقىلەر ۋە ئەڭ مۇھىمى يېتەرلىك ۋاقىت بار ئىدى (چۈنكى خۇدا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ئامان-ئېسەنلىك بىلەن بەرىكەتلىگەن). ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسى داۋۇت پەيغەمبەر خۇدانىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئاجايىب مۇئامىلىسىنى كۆرگەن ئىنتايىن تەجرىبىلىك كىشى ئىدى. بىراق ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە نىسبەتەن مۇشۇنداق مۇۋاپىق شارائىتلار ئەسلا بولماسلىقى مۇمكىن؛ خۇددى سۇلايمان پادىشاھ ئۆزى ئېيتقاندەك: «پادىشاھتىن كېيىن تۇرىدىغان ئادەم نېمە قىلالايدۇ ـ قىلىسىمۇ ئاللىقاچان قىلىنغان ئىشلاردىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس!» (12:2).

«ھېكمەت توپلىغۇچى» دېگەن كىتاب توغرۇلۇق ئىشەنگۈچىلەر ئىككى خىل ئەنئەنىۋى كۆزقاراشتا بولۇپ كەلگەن: ــ

بىرىنچى خىل كۆزقاراشتا، سۇلايمان پادىشاھ ئۆزى قويغان تەس سوئاللارغا بېرىدىغان جاۋابنى بىلمەسكە سالغان. بۇنداق بولۇشى قەستەن، ئاقىللىق بىلەن بولغاندۇر. ئۇنىڭ مۇددىئاسى شۇكى، بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى ئويلىغاندى. شۇنىڭدەك ئۇ ئوقۇرمەنلەرگە بىر قاتار «يېرىم خۇلاسە»نى قالدۇرىدۇ؛ بۇمۇ ئۇنىڭ قەستەن قىلغىنى؛ ئۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزى ئويلىنىپ خۇلاسىگە كەلسۇن ۋە شۇنىڭ بىلەن خۇدادىن قورقسۇن دەپ ئۈمىد قىلىدۇ.

ئىككىنچى خىل كۆزقاراشتا، سۇلايمان پادىشاھ مەزكۇر كىتابنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي چۈشكۈنلەشكەندە يازغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ سورىغان سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ ياكى بولمىسا ئۇ ئەسلىدە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئۆزلەشتۈرگەن ئۆتكۈر چۈشەنچىلەردىن مەھرۇم بولغان.

بىراق كىتاب ھەممىگە قادىر بولغۇچىنىڭ پىلان-ئىرادىسى ۋە بۇيرۇقى بىلەن، خۇدانى دوست تۇتمىغان ھاياتنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتسىلىكىگە گۇۋاھچىلىق بولسۇن دەپ يېزىلغان، شۇنداقلا مۇقەددەس كىتاب ئىچىگە ئېلىنغان. كىتابتىكى «يېرىم خۇلاسىلەر» ئەسلىدە سۇلايماننى تېخىمۇ كۆپ ھەقىقەتكە يېتەكلىشى كېرەك ئىدى؛ بىراق ئۇنىڭ ئەخلاقىي چۈشكۈنلەشكەچكە، شۇنداق بولمىدى. ھالبۇكى، ھەممىگە قادىر بولغۇچىنىڭ ھەممە ئىشنى باشقۇرغۇچى قولى بىلەن مۇشۇ «يېرىم خۇلاسىلەر» ئوقۇغان ئىنساننى ئويلىنىشقا، شۇنىڭدەك ئۆزىدىن قورقۇشقا ئويغىتىشنىڭ قورالى بولۇشى ئۈچۈن كىتابدا قالدۇرۇلغان.

قايسى كۆزقاراش توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇدانىڭ كىتابقا نىسبەتەن مەقسەت-مۇددىئاسى ئوخشاشتۇر. بىرىنچى كۆزقاراش بويىچە، سۇلايمان قايغۇ ئىچىدە بولۇپ مۇشۇ جاۋابى بولمىغان سوئاللارنى سورىغان ۋە يازغان ۋاقتىدا ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ جاۋابلىرىنى بىلمىگەن؛ بىراق ئۇ يەنىلا خۇدانىڭ مۇشۇ كىتابنى «يازغۇچى قورالى» ئىدى. ئىككىنچى كۆزقاراش بويىچە، ئۇ جاۋابلىرىنى چۈشەنگەن، بىراق دانالىق بىلەن جاۋابىنى بايان قىلمىغان. بۇ چاغدا ئۇ ئاڭلىق ھالدا خۇدانىڭ قورالى بولغان بولىدۇ. ئىككى كۆزقاراشنىڭ بىردىنبىر پەرقى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ، خۇدانىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز قورالى بولغانلىقىدىن ئىبارەت، خالاس. ئۆزىمىز ئىككىنچى پىكىرگە مايىلمىز، بىراق ئەمەلىيەت ئىككى پىكىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ توغرۇلۇق يەنە توختىلىمىز.

خۇدادىن قورقۇشنى «كونىلىق، قاتماللىق، ۋاقتى ئۆتكەن» دەپ قارايدىغان ھازىرقى زاماندىكى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ھاياتنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىدىن تولىمۇ بىئارام بولۇپ، چوڭقۇر قانائەتسىزلىكتە تۇرماقتا. بۇنداق ھالەت داڭلىق فرانسۇز رەسسام گاۋگىننىڭ ھاياتىدا دەھشەتلىك ھالدا روشەن گەۋدىلەنگەنىدى.

«ھېكمەت توپلىغۇچى»تەك، ئۇ ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزدەپ: «قانچە كۆپ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزسەم شۇنچە ياخشى» دېگەن مۇددىئادا بالا-چاقىلىرىنى ھەم يۇرتىنى تاشلاپ «تىنچ ئوكيان»دىكى «ئېرەم باغچىسى»دەك ئىللىق ۋە گۈزەل تاختى ئارىلىغا سەپەر قىلدى. شۇ يەردە ئۇ «ھەقىقىي لەززەتنى تېتىپ باقاي» دەپ يەرلىك كىشىلەرنىڭكىدەك «ئىپتىدائىي تۇرمۇش»نى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. تاختىلىك بىر ئايال بىلەن بىللە تۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن قىز-ئاياللار بىلەن ئاشنا ئوينىغان. بىراق ئۇ ئىزدىگەن «چوڭ لەززەت» ھەردائىم ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرگەن. ئۇ «قەيەردىن؟ قايسى؟ قەيەرگە؟» ناملىق ئەڭ ئاخىرقى رەسىمنى سىزغان (ئۇ رەسىمنى ھەرقايسى كىتابخانىدىن تاپقىلى بولىدۇ). ئۇ رەسىمدە ئىنسانىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەربىر باسقۇچىغا، يەنى «ياش»، «ئوتتۇرا ياش» ۋە «قېرى» دېگەن باشقۇچىغا كۆزلەپ تۇرغان ئالۋاستىدەك ھايۋانلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئوزۇق قىلىدىغان بىر تاپقۇشنى سۈرەتلىگەن. ئۇ رەسىمنى سىزىپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

«ھازىرقى زامان كىشىلىرى»نىڭ «ھېكمەت توپلىغۇچى» دېگەن كىتابنى قانچىلىك ئاسان قوبۇل قىلالايدىغانلىقى تەرجىمانلاردىن بىرىگە ئاددىي بىر ۋەقەدە مۇجەسسەم بولدى. بۇ تەرجىمان ئىچكىرىدە بىر خەنزۇ مەسىھىي ئائىلىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇۋاتقاندا بولغان ئىش. 1950-يىلىدىن باشلاپ خېلى ئۇزۇنغىچە، خەنزۇ مەسىھىي جامائەتلىرىدە ئىبادەت سورۇنلىرىغا ئىشلەتكۈدەك ھېچقانداق «مەدھىيە ناخشا» كىتابچىلىرى يوق ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا مەسىھىيلەر قولىدىكى مۇقەددەس كىتابتىن (ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلاردا مۇقەددەس كىتابمۇ بەكلا ئاز ئىدى) بىۋاستە كۆپ باب-ئايەتلەرنى ناخشىلارغا ئايلاندۇرغان. تەرجىماننى مېھمان قىلغان خەنزۇ ئايال شۇنداق كۆپ ناخشىلارنى يادلاپ ئۆگەنگەنىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئايال قوشنىسى كىرىپ قالدى. قوشنىسى مۇقەددەس كىتابنى ھېچ ئوقۇپ باقمىغان ياكى خۇدا توغرۇلۇق ھېچقانداق تەلىم ئاڭلاپ باقمىغانىدى. تەرجىماننى ھەيرانى قالدۇرغىنى شۇكى، ئويلىمىغان يەردىن مەسىھىي ئايال ئۆز قوشنىسىغا بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. ناخشىنىڭ ئاھاڭى ئىنتايىن مۇڭلۇق بولۇپ، ناخشىنىڭ تېكىستى «ھېكمەت توپلىغۇچى»نىڭ بىرىنچى باب، 1-11-ئايەتلىرى ئىدى.

تەرجىمان: «بۇ ھەسرەتلىك ناخشا قوشنىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتەر؟» دەپ ئويلاپ ئولتۇردى. يەنە ئويلىمىغان يەردىن قوشنىسى كۆزىگە ياش يۇگۈرتكەن ھالدا: «مانا بىزنىڭ ھاياتىمىزغۇ! بۇ ئاجايىپ كىتابمۇ نېمە؟!» دەپ كەتتى. كېيىن ئۇ كۆپ قېتىم كېلىپ، ئېتىقاد يولى توغرۇلۇق سورىدى. خۇدانىڭ «ھېكمەت توپلىغۇچى» دېگەن كىتابتا بولغان مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ بۇ قوشنىنىڭ دىققەت-ئېتىبارى قوزغالدى ۋە شۇنىڭدەك تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەر چىقتى.

بىز ئىبرانىي تىلىدىكى «كوھەلەت» دېگەن سۆزنى «ھاياتلىقتا ھېكمەت توپلىغۇچى»، قىسقارتىلغان شەكىلدە «ھېكمەت توپلىغۇچى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. مۇقەددەس كىتابتا «كوھەلەت» دېگەن بۇ سۆز ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ «توپلىغۇچى»، «يىغقۇچى» دېگەن مەنىسى بار. ئۇ نېمىنى توپلايدۇ، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بەزى ئالىملار: «ئادەملەرنى توپلايدۇ» دەپ قاراپ «كوھەلەت» دېگەننى «ۋەز ئېيتقۇچى» «تەلىم بەرگۈچى» دەپ تەرجىمە قىلغان. بىزنىڭ چۈشەنچىمىز بويىچە، بۇ سۆز بەلكىم سۇلايماننىڭ ئۆي-پىكىرلىرىنى، خۇلاسىلىرىنى رەتلەپ تەرتىپكە سېلىشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇڭا بەزىلەر «مۇتەپەككۇر»، «تەپەككۇرچى» ياكى «پەيلاسوپ» دەپ تەرجىمە قىلغان. بىز «كوھەلەت» دېگەن سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى «پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ خۇلاسە چىقارغۇچى، يەكۈنلەرنى توپلىغۇچى» دەپ قاراپ، «ھاياتلىقتا ھېكمەت توپلىغۇچى» ياكى قىستارتىلغان «ھېكمەت توپلىغۇچى»نى مۇۋاپىق بىر تەرجىمىسى دەپ ئويلىدۇق. «ھاياتلىقنى خۇلاسىلىغۇچى» ياكى «خۇلاسىلىغۇچى» دەپ تەرجىمە قىلىنىشلارمۇ مۇۋاپىق بىرخىل تەرجىمىسى بولالايدۇ.

«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە سۇلايماننىڭ «تېپىلىپ كەتكەنلىكى»، ئۇنىڭ ھايات توغرىسىدىكى چۈشىنىشلىرىگە بولغان روھىي چەكلىمىلەر، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بەزى ئاچقۇچلۇق بايانلىرى ۋە ئۇ قويغان سوئاللارغا تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى، شۇنداقلا ئىنجىل قىسىملىرىدىن ئالغان بەزى جاۋابلار ئۈستىدە توختىلىمىز. مۇشۇ يەردە بىز پەقەت ئوقۇرمەنگە كىتابتىكى ئىككى «ئاچقۇچلۇق ئىبارە»نى كۆرسەتمەكچىمىز: —

1. «قۇياش ئاستىدا» (3:1 قاتارلىقلاردا) ياكى «ئاسمانلار ئاستىدا» (13:1 قاتارلىقلاردا) ــ بۇ ئىبارە كىتابتىكى ئاساسىي نۇقتىنەزەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ كىتاب ئىنسانىي كۆزقاراشتىن (خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن) يېزىلغان. كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئىبرانىي پەيغەمبەرلەر قوبۇل قىلغان «ئاسماندىن كەلگەن» ياكى «ئاسماننىڭ يۇقىرىسىدىن كەلگەن» ۋەھىيلەر توغرۇلۇق بايانلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ؛ يەنى «ھېكمەت توپلىغۇچى» دېگەن كىتابتا «ئاسماننىڭ ئاستىدىن»، ــ ئىنسانلاردىن بولغان كۆزقاراش بايان قىلىنغان؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەھىيلىرى بولسا ــ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە، «ئاسماننىڭ يۇقىرىسىدىن» كەلگەن.

مەسىلەن، «ئەز.» 1:1 «ئاسمانلار ئېچىلىپ، خۇدانىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشلىرىنى كۆردۈم»؛

ياكى ئىنجىل «فىل.» 20:3 «بىزنىڭ پۇقرالىقىمىز بولسا ئەرشتىدۇر، بىز دەل شۇ يەردىن نىجاتكارنىڭ چۈشۈشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز. ئۇ بولسا رەببىمىز ئەيسا مەسىھدۇر».

«1پېت.» 12:1 «... بۇگۈنكى كۈندە بۇ ئىشلار ئەرشتىن ئەۋەتىلگەن مۇقەددەس روھنىڭ كۈچى بىلەن سىلەرگە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىلەر ئارقىلىق ... جاكارلاندى. ھەتتا پەرىشتىلەرمۇ بۇ ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتىنى سەپسىلىپ چۈشىنىۋېلىشقا تەلپۈنمەكتە».

شۇڭا، روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر قوبۇل قىلغان بۇ ۋەھىيلەر بىلەن سۇلايماننىڭ «ھېكمەت توپلىغۇچى»دىكى بايانلىرى بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى كۆزقاراشتىن ئېيتىلغاندۇر.

2. «ئىنساننىڭ بارلىق كۈنلىرىدە» ياكى «ساناقلىق كۈنلىرىدە» (3:2 قاتارلىقلار).

كىتابتىكى تۈپ كۆزقاراش بۇ دۇنيادىكى ئىشلارغا قارىتىلغان. كىتابتا ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا ناھايىتى ئاز سۆزلىنىدۇ ۋە ھەتتا ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ ھايات بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ. بىز بۇنىمۇ خۇدا پەيغەمبەرلەرگە تاپشۇرغان ۋەھىيلەر بىلەن سېلىشتۇرساق بولىدۇ: ــ

داۋۇت پەيغەمبەر، «زەبۇر» 17:13-15: –

«ئورنۇڭدىن تۇرغايسەن، ئى پەرۋەردىگار،
ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، يەرگە يەكسان قىلغايسەن،
جېنىمنى رەزىل ئادەمدىن قۇتقۇزغىن، قىلىچىڭ بىلەن؛
مېنى قولۇڭ بىلەن كىشىلەردىن،
يەنى مۇشۇ دەۋردىكى كىشىلەردىن قۇتقۇزغىن؛
ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى بولسا مۇشۇ دۇنيادىلادۇر؛
سەن ئۇلارنىڭ قارنىنى نېمەتلىرىڭ بىلەن تولدۇرسەن؛
ئۇلارنىڭ كۆڭلى پەرزەنتلىرى بىلەن قاندى،
باللىرىغا بايلىقلىرىنى قالدۇرىدۇ.
مەن بولسام، ھەققانىيلىقتا يۈزۈڭگە قارىغۇچى بولىمەن؛
ئويغانغىنىمدا (قىيامەت كۈنىدە)، سېنىڭ دىدارىڭدىن سۆيۈنىمەن!»

روسۇل پاۋلۇس، ئىنجىلدا «كورىنتلىقلارغا (2)»دە 4:18: «شۇڭا بىز كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئىشلارغا ئەمەس، بەلكى كۆرۈلمەس ئىشلارغا كۆز تىكىمىز؛ چۈنكى كۆرۈلگەن ئىشلار ۋاقىتلىق، ئەمما كۆرۈلمەس ئىشلار مەڭگۈلۈكتۇر» – دەيدۇ.

بىز تەرجىمە داۋامىدا، «ھېكمەت توپلىغۇچى»نى تەتقىق قىلغان مەنبەلەر ئىچىدىن، ئەنگلىيەلىك ئالىم ۋە ئىبرانىيشۇناس دېرىك كىدنېرنىڭ «ھېكمەت توپلىغۇچى (ئېككلېسىئاستىس)» دېگەن كىتابىدىن كۆپ پايدىلاندۇق.

بىز كىتابتىكى ھەرخىل مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكىدەك تىزىپ چىقتۇق، بۇنىڭدىن ئوقۇرمەنلەر «ھېكمەت توپلىغۇچى»نىڭ ئويلىغان ئىمىلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

1:1-2 كىرىش سۆز: مۇتلەق بىمەنىلىك.
1:3-11 تەبىئەتنىڭ بىمەنىلىكىنىڭ سۈپەتلىنىشى.
1:12-15 مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆزى بىمەنىلىكتۇر.
1:16-18 بىلىمنى ئاشۇرۇشنىڭ ئۆزى بىمەنىلىكتۇر

3-1:2 لەززەتنى ئىزدەشنىڭ بىمەنىلىكلىكى
11-4:2 باي بولۇشنىڭ بىمەنىلىكلىكى
17-12:2 دانالىق ئەخمىقانىلىكتىن ئەۋزەل
23-18:2 ئىشلەشكە جان پىدا قىلىشنىڭ بىمەنىلىكلىكى
26-24:2 ئۆز ئەمگىكىدىن ھۇزۇر ئېلىش
11-1:3 ھاياتنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق پەسلى بار
15-12:3 بەزى خۇلاسىلەر
3:4-16:3 ئادالەتسىزلىك، جەبىر-زۇلۇم مەسىلىسى
8-1:4 رىقابەت ۋە ئاچكۆزلۈكنىڭ بىمەنىلىكلىكى
12-9:4 ئەمگەك مېۋىسىدىن ئورتاق بەھرىمان بولۇش پايدىلىقتۇر
16-13:4 ئابرۇينىڭ بىمەنىلىكلىكى
7-1:5 يېنىكلىك بىلەن ئىچكەن قەسەملەر
9-8:5 ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىشىشى
12-10:5 ئاچكۆزلۈك
17-13:5 «باي بولاي» دېگۈچى ھاياتلىقتىن ھۇزۇر ئالالمايدۇ
20-18:5 ئەمگەك مېۋىسىدىن ھۇزۇر ئېلىش
9-1:6 ھەممە ئادەم ھاياتلىقتىن ھۇزۇر ئالالمايدۇ
12-10:6 ھاياتتىكى تاسادىپىيلىقتىن چىققان بىمەنىلىكلىرى
4-1:7 ھايات قىسقا، ئۆلۈمدىن قاچقىلى بولمايدۇ.
12-5:7 دانالىق ۋە ئەخمىقانىلىك توغرۇلۇق بەزى ھېكمەتلەر
14-13:7 دانا كىشى خۇدانىڭ بېكىتكەنلىرىگە بويسۇنىدۇ.
18-15:7 خۇدانىڭ ئادىللىقى بەزى ئىشلاردا كۆرۈنمەيدۇ (1)
29-19:7 ھېچكىم ھەققانىي بولمىغاچقا، دانالىق زۆرۈردۇر.
8:9-1:8 ئىنسانلار ھاكىمىيەت سۈرگەندە، دانالىقنىڭ چەكلىكلىكى كۆرۈنىدۇ
14-10:8 خۇدانىڭ ئادىللىقى بەزى ئىشلاردا كۆرۈنمەيدۇ (2)
17-15:8 بەزى خۇلاسىلەر
6-1:9 ئادەم ھامىنى ئۆلىدۇ
10-7:9 ھايات قىسقا، ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى ئەتىۋارلاش كېرەك

12-11:9 پەيت ۋە تاسادىپىيلىق
1:10-13:9 دانالىق ۋە ئەخمەقانىلىك توغرۇلۇق باشقا بەزى ھېكمەتلەر
7-2:10 ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەخمەقانىلىكى ئۇلارنىڭ دانالىقىنى يوققا چىقىرىدۇ
15-8:10 دانالىق ۋە ئەخمەقانىلىك توغرۇلۇق باشقا بەزى ھېكمەتلەر
20-16:10 ئەخمەق ھۆكۈمرانلار مەسىلىسى
6-1:11 كېلەچەكنى بىلمىگەچكە، بۈگۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ
10-7:11 ھاياتلىقتىن ھۇزۇر ئېلىش ــ خۇدادىن قورقۇش-ئەيمىنىش ئىچىدە بولۇشى كېرەك
7-1:12 قېرىلىق ۋە ئۆلۈم تېز كېلىدىغان بولغاچقا، خۇدادىن قورق!
11-8:12 خۇلاسە: «ھېكمەت توپلىغۇچى»نىڭ نەسىھەتى دانادۇر.
14-12:12 ئاخىرقى خۇلاسە: «خۇدادىن ئەيمىنىپ-قورقۇپ ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىل!»

# ھېكمەت تويلىغۇچى

## «ھەممە ئىش بىمەنىلىكتۇر!»

1 [1]يېرۇسالېمدا پادىشاھ بولغان، داۋۇتنىڭ ئوغلى «ھېكمەت
تويلىغۇچى»نىڭ سۆزلىرى: ــ
[2]«بىمەنىلىك ئۈستىگە بىمەنىلىك!» ــ دەيدۇ «ھېكمەت تويلىغۇچى»
ــ «بىمەنىلىك ئۈستىگە بىمەنىلىك! ھەممە ئىش بىمەنىلىكتۇر!»
[3]قۇياش ئاستىدا تارتقان جاپالىرىدىن ئىنسان نېمە پايدىغا ئېرىشەر؟
[4]بىر دەۋر ئۆتىدۇ، يەنە بىر دەۋر كېلىدۇ؛
بىراق يەر-زېمىن مەڭگۈگە داۋام قىلىدۇ؛
[5]كۈن چىقىدۇ، كۈن پاتىدۇ؛
ۋە چىقىدىغان جايغا قاراپ يەنە ئالدىراپ ماڭىدۇ.
[6]شامال جەنۇبقا قاراپ سوقىدۇ؛

---

1:1 **«ھېكمەت تويلىغۇچى»** ــ يازغۇچى ئۆزىنىڭ سۇلايمان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتا 16-ئايەت، 2:7-ئايەت قاتارلىقلاردا ئىسپاتلىنىدۇ. كىتابنىڭ نامى ئەسلىي ئىبرانىي تىلدا «كوھەلەت» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى: «تويلىغۇچى» «رەتلىگۈچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىز ئۇنى «ھېكمەت تويلىغۇچى» (دېمەك، «ئوي-پىكىرلەرنى رەتلىگۈچى») دەپ تەرجىمە قىلدۇق. بەزىلەر ئۇنى يەنە «تەلىم بەرگۈچى»، «ۋەز ئېيتقۇچى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىدۇ.
2:1 **«بىمەنىلىك ئۈستىگە بىمەنىلىك!»** ــ ئىبرانىي تىلدا «بىمەنىلىكلەرنىڭ بىمەنىلىكى!». بۇ خۇددى «كۈيلەرنىڭ كۈيى» «ئەڭ گۈزەل كۈي» دېيىلگەنگە ئوخشاشتۇر، «بىمەنىلىكلەرنىڭ بىمەنىلىكى» بەلكىم «ھاياتلىق ئالەمدە «ئەڭ بىمەنىلىك ئىشتۇر!»» دېگەننى بىلدۈرۈشى مۇمكىن
**2:1** زەب. 62:9؛ 144:4
3:1 **«قۇياش ئاستىدا»** ــ بۇ «ھېكمەت تويلىغۇچى»دىكى ئاچقۇچلۇق سۆزدۇر. يازغۇچىنىڭ بايانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «ئاسماندىن (خۇدادىن) كەلگەن ۋەھىي» بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئاپتاپ ئاستى» ياكى «قۇياش ئاستى»دىكى كۆزقاراش بىلەن ئېيتىلغان. ئۇ قەستەن شۇنداق كۆز-قاراشنى سۆزلەيدۇ. «كىرىش سۆز» ۋە «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.
**3:1** توپ. 2:22؛ 3:9
**4:1** زەب. 104:5

ئاندىن بۇرۇلۇپ شىمالغا قاراپ سوقىدۇ؛
ئۇ ئايلىنىپ-ئايلىنىپ،
ھەردائىم ئۆز ئايلانما يولىغا قايتىدۇ.
[7] بارلىق دەريالار دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ، بىراق دېڭىز تولمايدۇ؛
دەريالار قايسى جايغا ئاققان بولسا،
ئۇلار يەنە شۇ يەرگە قايتىدۇ.
[8] بارلىق ئىشلار جاپاغا تولغاندۇر؛
ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكۈچى ئادەم يوقتۇر؛
كۆز كۆرۈشتىن، قۇلاق ئاڭلاشتىن ھەرگىز تويمايدۇ.
[9] بولغان ئىشلار يەنە بولىدىغان ئىشلاردۇر؛
قىلغان ئىشلار يەنە قىلىنىدۇ؛
قۇياش ئاستىدا ھېچقانداق يېڭىلىق يوقتۇر.
[10] «مانا، بۇ يېڭى ئىش» دېگىلى بولىدىغان ئىش بارمۇ؟
ئۇ بەربىر بىزدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئاللىقاچان بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردۇر.
[11] بۇرۇنقى ئىشلار ھازىر ھېچ ئەسلەنمەيدۇ؛
ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارمۇ ئۇلاردىن كېيىن ياشايدىغانلارنىڭ ئېسىگە ھېچ كەلمەيدۇ.

## سۇلايماننىڭ تەجرىبىسى

[12] مەنكى ھېكمەت توپلىغۇچى يېرۇسالېمدا ئىسرائىلغا پادىشاھ
بولغانمەن؛ [13] مەن دانالىق بىلەن ئاسمانلار ئاستىدا بارلىق قىلىنغان

**7:1** ئايۇپ 8:38، 9، 10؛ زەب. 104:8-10

**9:1** توپ. 3:15

11:1 **«... كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارمۇ ئۇلاردىن كېيىن ياشايدىغانلارنىڭ ئېسىگە ھېچ كەلمەيدۇ»** ــ دېمەك، يېڭى دەۋردە «يېڭى» دېيىلگەن بىر ئىش چىققان بولسا، شۇ ئىش ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقى دەۋردىلەردە مەۋجۇت بولغان ئىشتۇر. ھازىرقى دەۋردىكىلەر بۇرۇنقى دەۋرلەرنى بىلمەيدۇ ياكى ئۇنتۇغان، بۇ ئىشنى «يېڭى!» دەيدۇ.

ئىشلارنى قېتىرقىنىپ ئىزدەشكە كۆڭۈل قويدۇم ــ
خۇلاسەم شۇكى، خۇدا ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بەند قىلىپ
ئۆپرىتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇ ئېغىر جاپانى تەقدىم قىلغان! 14 مەن
قۇياش ئاستىدىكى بارلىق قىلىنغان ئىشلارنى كۆرۈپ چىقتىم، ــ
مانا، ھەممىسى بىمەنىلىك ۋە شامالنى قوغلىغاندەك ئىشتىن
ئىبارەتتۇر.
15 ئەگرىنى تۈز قىلغىلى بولماس؛
كەمنى تولۇق دەپ سانىغىلى بولماس.
16 مەن ئۆز كۆڭلۈمدە ئويلىنىپ: «مانا، مەن ئۇلۇغلىنىپ، مەندىن
ئىلگىرى يېرۇسالېمغا ئۈستىگە بارلىق ھۆكۈم سۈرگەنلەردىن كۆپ
دانالىقتا ئېرىشتىم؛ مېنىڭ كۆڭلۈم نۇرغۇن دانالىق ۋە بىلىمگە
ئېرىشتى» ــ دېدىم.
17 شۇنىڭ بىلەن دانالىقنى بىلىشكە، شۇنىڭدەك تەلۋىلىك ۋە
ئەخمەقانىلىكنى بىلىپ يېتىشكە كۆڭۈل قويدۇم؛ مۇشۇ ئىشنىمۇ
شامال قوغلىغاندەك ئىش دەپ بىلىپ يەتتىم. 18 چۈنكى دانالىقنىڭ
كۆپ بولۇشى بىلەن ئازاب-ئوقۇبەتمۇ كۆپ بولىدۇ؛ بىلىمنى
كۆپەيتكۈچىنىڭ دەرد-ئەلەممۇ كۆپىيىدۇ.

## تاماشىنى تېتىپ بېقىش

2
1 مەن كۆڭلۈمدە: «قېنى، مەن ئۆزۈمگە تاماشىنىڭ تەمىنى
تېتىغۇزۇپ باقىمەن؛ كۆڭلۈم ئېچىلسۇن!» ــ دېدىم. بىراق
مانا، بۇمۇ بىمەنىلىكتۇر. 2 مەن كۈلكە-چاقچاقتا «تەلۋىلىك!» ۋە
تاماشىغا «ئۇنىڭ زادى نېمە پايدىسى؟» ــ دېدىم. 3 كۆڭلۈمدە ئۆز

15:1 « ... تولۇق سانىغىلى بولماس» ــ دېمەك، تەمىنلىگىلى بولماس.
1:2 «كۆڭلۈم ئېچىلسۇن» ــ بۇ ئىبارىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ياخشىمۇ-ياخشى ئەمەسمۇ، كۆرۈپ باقاي».
1:2 لۇقا 19:12

بەدىنىمنى شاراب بىلەن قاندۇرۇپ روھلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى (دانالىق بىلەن ئۆزۈمنى يېتەكلىگەن ھالدا) بىلىشكە بېرىلىپ ئىزدەندىم، شۇنىڭدەك «ساناقلىق كۈنلىرىدە ئىنسان باللىرىغا ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان نېمە پايدىلىق ئىشلار بار؟» دېگەن تۈگۈننى يەشسەم دەپ ئەخمىقانىلىكنى قانداق تۇتۇپ يېتىشىم كېرەكلىكىنى ئىنتىلىپ ئىزدىدىم.

[4] مەن ئۇلۇغ قۇرۇلۇشلارغا كىرىشتىم؛ ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆيلەرنى سالدىم؛ ئۆزۈم ئۈچۈن ئۈزۈمزارلارنى تىكتىم؛ [5] ئۆزۈم ئۈچۈن شاھانە باغ-باغچىلارنى ياسىدىم؛ ئۇلاردا ھەرخىل مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەرنى تىكتىم؛ [6] ئۆزۈم ئۈچۈن ئورماندىكى باراقسان دەرەخلەرنى ئوبدان سۇغىرىش ئۈچۈن، كۆلچەكلەرنى ياساپ چىقتىم؛ [7] قۇللارغا ۋە دېدەكلەرگە ئىگە بولدۇم؛ ئۆيۈمدە ئۇلاردىن تۇغۇلغانلارمۇ مېنىڭكى ئىدى؛ يېرۇسالېمدا مەندىن ئىلگىرى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭكىدىن كۆپ مال-ۋارانلار، قوي ۋە كالا پادىلىرىم بار بولدى. [8] ئۆز-ئۆزۈمگە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى، پادىشاھلارنىڭ ھەم ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرخىل ئەتىۋارلىق ئالاھىدە گۆھەرلىرىنى يىغدىم؛ قىز-يىگىت ناخشىچىلارغا ھەمدە ئادەم باللىرىنىڭ دىلكۆيەرلىرىگە، يەنى كۆپلىگەن گۈزەل كېنىزەكلەرگە ئىگە بولدۇم.

[9] ئۇلۇغ بولدۇم، يېرۇسالېمدا مەندىن ئىلگىرى بولغانلارنىڭ ھەممىسىدىن زىيادە روناق تاپتىم؛ شۇنداق بولغىنى بىلەن دانالىقىم مەندىن كەتمىدى. [10] كۆزلىرىمگە نېمە ياققان بولسا، مەن شۇنى

---

3:2 **«دانالىق بىلەن ئۆزۈمنى يېتەكلىگەن ھالدا»** ــ مۇشۇ ئىبارىنىڭ مەنىسى: «بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇ ھەردائىم ئۆز-ئۆزىگە دىققەت قىلىپ، قىلغان ئىشلارنىڭ راست ئەھمىيتى بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرەتتى» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. **«ئەخمىقانىلىكنى ... تۇتۇپ يېتىش»** ــ سۇلايماننىڭ «ئەخمىقانىلىك»نى «تۇتۇپ يېتىش»ى بولسا ھاياتنىڭ ئەھمىيتىنى، ئادەمگە «ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان ... پايدىلىق ئىشلار»نى تېپىشقا توسالغۇ بولىدىغان بىرەر سىر بارمۇ-يوقمۇ؟» دېگەن مەسىلىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

8:2 **«ئالتۇن-كۈمۈشلەر»** ــ ئىبرانيي تىلىدا: «كۈمۈش-ئالتۇنلەر».

9:2 **«...شۇنداق بولغىنى بىلەن دانالىقىم مەندىن كەتمىدى»** ــ 3-ئايەتتە دېيىلگەندەك،

ئۇنىڭدىن ئايىمىدىم؛ ئۆز كۆڭلۈمگە ھېچقانداق خۇشاللىقنى ياق دېمىدىم؛ چۈنكى كۆڭلۈم بارلىق ئەجرىمدىن شادلاندى؛ مانا، بۇلار ئۆز ئەجرىمدىن بولغان نېسىۋەم ئىدى. [11] ئاندىن ئۆز قولۇم ياسىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە، شۇنداقلا سىڭدۈرگەن ئەجرىمنىڭ نەتىجىسىگە قارىسام، مانا، ھەممىسى بىمەنىلىك ۋە شامالنى قوغلىغاندەك ئىش ئىدى؛ بۇلار قۇياش ئاستىدىكى ھېچ پايدىسى يوق ئىشلاردۇر.

[12] ئاندىن زېھنىمنى يىغىپ ئۇنى دانالىقنى، تەلۋىلىك ۋە ئەخمەقانىلىككە قاراشقا قويدۇم؛ چۈنكى پادىشاھتىن كېيىن تۇرىدىغان ئادەم نېمە قىلالايدۇ؟ ــ قىلىسىمۇ ئاللىقاچان قىلىنغان ئىشلاردىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس! [13] شۇنىڭ بىلەن نۇر قاراڭغۇلۇقتىن ئەۋزەل بولغاندەك، دانالىقنىڭ بىغەرەزلىكتىن ئەۋزەللىكىنى كۆرۈپ يەتتىم.

[14] دانا كىشىنىڭ كۆزلىرى بېشىدىدۇر، ئەخمەق بولسا قاراڭغۇلۇقتا ماڭىدۇ؛ بىراق ئۇلارغا ئوخشاش بىرلا ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. [15] كۆڭلۈمدە: «ئەخمەقكە بولىدىغان ئىش ماڭىمۇ ئوخشاش بولىدۇ؛ ئەمدى مېنىڭ شۇنداق دانا بولۇشۇمنىڭ زادى نېمە پايدىسى؟!» ــ دېدىم. ئاندىن مەن كۆڭلۈمدە: «بۇ ئىشمۇ ئوخشاشلا بىمەنىلىكتۇر!» ــ دېدىم. [16] چۈنكى مەڭگۈگە دانا كىشى ئەخمەقكە نىسبەتەن ھېچ ئارتۇق ئەسلەنمەيدۇ؛ چۈنكى كەلگۈسىدىكى كۈنلەردە ھەممە ئىش ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ؛ ئەمدى دانا كىشى قانداق ئۆلىدۇ؟ ــ ئەخمەق كىشى بىلەن بىللە! [17] شۇڭا مەن ھاياتقا ئۆچ بولدۇم؛ چۈنكى قۇياش ئاستىدا قىلىنغان ئىشلار ماڭا ئېغىر كېلەتتى؛ ھەممىسى بىمەنىلىك ۋە شامالنى قوغلىغاندەك ئىش ئىدى. [18] شۇنىڭدەك مەن قۇياش ئاستىدىكى بارلىق ئەجرىمگە ئۆچ بولدۇم؛ چۈنكى بۇنى مەندىن كېيىن كەلگەن كىشىگە قالدۇرماسلىقىقا

---

ئۇ يەنىلا بۇ قىلغان ئىشلارنىڭ راست ئەھمىيىتى بار-يوقلۇقىغا دىققەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ يۈرەتتى
12:2 توپ. 1:17؛ 7:23

14:2 «...ئۇلارغا ئوخشاش بىرلا ئىشنىڭ بولىدىغانلىقى» ــ بۇ «بىرلا ئىش» ئۆلۈمنى دېمەكچى.

ئامالىم يوق ئىدى. [19] ئۇنىڭ دانا ياكى ئەخمەق ئىكەنلىكىنى كىم
بىلىدۇ؟ ئۇ بەرىبىر مەن جاپالىق بىلەن سىڭدۈرگەن ھەمدە دانالىق
بىلەن ئادا قىلغان قۇياش ئاستىدىكى بارلىق ئەجرىم ئۈستىگە ھۆكۈم
سۈرىدۇ. بۇمۇ بىمەنىلىكتۇر.
[20] ئاندىن مەن رايىمدىن ياندىم، كۆڭلۈم قۇياش ئاستىدىكى جاپا تارتقان
بارلىق ئەجرىمدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى. [21] چۈنكى ئەجرىنى دانالىق،
بىلىم ۋە ئەپ بىلەن قىلغان بىر ئادەم بار؛ بىراق ئۇ ئەجرىنى ئۇنىڭغا
ھېچ ئىشلىمىگەن باشقا بىرسىنىڭ نېسىۋىسى بولۇشقا قالدۇرۇشى
كېرەك. بۇمۇ بىمەنىلىك ۋە ئىنتايىن ئاچچىق كۈلپەتتۇر. [22] چۈنكى
ئىنسان قۇياش ئاستىدا ئۆزىنى ئۇپرىتىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەمگىكىدىن
ۋە كۆڭلىنىڭ ئىنتىلىشلىرىدىن نېمىگە ئىگە بولىدۇ؟ [23] چۈنكى ئۇنىڭ
بارلىق كۈنلىرى ئازابلىقتۇر، ئۇنىڭ ئەجرى غەشلىكتۇر؛ ھەتتا كېچىدە
ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچ ئارام تاپمايدۇ. بۇمۇ بىمەنىلىكتۇر.
[24] ئىنسان ئۈچۈن شۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئىش يوقكى، ئۇ يېيىشى،
ئىچىشى، ئۆز جېنىنى ئۆز ئەجرىدىن ھۇزۇر ئالدۇرۇشىدىن ئىبارەتتۇر؛
بۇنى خۇدانىڭ قولىدىندۇر، دەپ كۆرۈپ يەتتىم. [25] چۈنكى ئۇنىڭسىز
كىم يېيەلىسۇن ياكى بېسىپ ئىشلىيەلىسۇن؟ [26] چۈنكى ئۇ ئۆز
نەزىرىگە ياقىدىغان ئادەمگە دانالىق، بىلىم ۋە شادلىقنى ئاتا قىلىدۇ؛
بىراق گۇناھكار ئادەمگە ئۇ مال-مۈلۈك يىغىپ-توپلاشقا جاپالىق
ئەمگەكنى بېرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ يىغىپ-توپلىغىنىنى خۇدانىڭ
نەزىرىدە ياخشى بولغانغا تاپشۇرىدىغان قىلىدۇ. بۇمۇ بىمەنىلىك ۋە
شامالنى قوغلىغاندەك ئىشتىن ئىبارەتتۇر.

---

**22:2** توپ. 3:1؛ 9:3

**24:2** توپ. 12:3، 22؛ 18:5؛ 15:8

**25:2** **«چۈنكى ئۇنىڭسىز كىم يېيەلىسۇن ياكى بېسىپ ئىشلىيەلىسۇن؟»** — باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭسىز كىم يېيەلىسۇن ياكى ھۇزۇر ئالالىسۇن؟» ياكى «مېنىڭدىن (سۇلايماندىن) باشقا كىم يېيەلىسۇن، ياكى بېسىپ ئىشلىيەلىسۇن؟».

**26:2** ئايۇپ 16:27، 17؛ پەند. 8:28؛ توپ. 13:3

## هايات پەسىللىرى

3 [1] ھەربىر ئىشنىڭ مۇۋاپىق پەسلى بار، ئاسمانلار ئاستىدىكى
ھەممە ئارزۇنىڭ ئۆز ۋاقتىمۇ بار؛
[2] تۇغۇلۇشنىڭ بىر ۋاقتى بار، ئۆلۈشنىڭمۇ بىر ۋاقتى بار؛
تىكىش ۋاقتى بار، تىكىلگەننى سۆكۈش ۋاقتى بار؛
[3] ئۆلتۈرۈش ۋاقتى بار، ساقايتىش ۋاقتى بار؛
بۇزۇش ۋاقتى بار، قۇرۇش ۋاقتى بار؛
[4] يىغلاش ۋاقتى بار، كۈلۈش ۋاقتى بار؛
ماتەم تۇتۇش ۋاقتى بار، ئۇسسۇل ئويناش ۋاقتى بار؛
[5] تاشلارنى چۆرۈۋېتىش ۋاقتى بار، تاشلارنى يىغىپ-توپلاش ۋاقتى بار؛
قۇچاقلاش ۋاقتى بار، قۇچاقلاشتىن ئۆزىنى تارتىش ۋاقتى بار؛
[6] ئىزدەش ۋاقتى بار، يوقالدى دەپ ۋاز كېچىش ۋاقتىمۇ بار؛
[7] يىرتىش ۋاقتى بار، تىكىش ۋاقتى بار؛
سۈكۈت قىلىش ۋاقتى بار، سۆز قىلىش ۋاقتى بار؛
[8] سۆيۈش ۋاقتى بار، نەپرەتلىنىش ۋاقتى بار؛
ئۇرۇش ۋاقتى بار، تىنچلىق ۋاقتى بار.

## ئىنسان خۇدا بېكىتكەن ۋاقىت-پەسىللەرنى بىلمەيدۇ

[9] ئىشلىگەن ئۆز ئىشلىگىنىدىن نېمە پايدا ئالىدۇ؟ [10] مەن خۇدا
ئىنسان بالىلىرىغا يۈكلىگەن، ئىشلەپ جاپا تارتىش كېرەك بولغان
ئىشنى كۆرگەنمەن. [11] ئۇ ھەربىر ئىشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە گۈزەل
بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن؛ ئۇ يەنە مەڭگۈلۈكنى ئىنسانلارنىڭ

---

1:3 «ھەربىر ئىشنىڭ مۇۋاپىق پەسلى بار، ... ھەممە ئارزۇنىڭ ئۆز ۋاقتىمۇ بار» — ئوقۇرمەنلەر ئىشلارنىڭ «ئۆز پەسلى» ياكى «ئۆز ۋاقتى» دېگەننىڭ «خۇدا بېكىتكەن ۋاقىت»نى ياكى بولمىسا پەقەت «مۇۋاپىق، توغرا كەلگەن ۋاقىت»نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى پەرق ئېتىشى كېرەك.

5:3 1كور. 5:7

9:3 توپ. 3:1

كۆڭلىگە سالغان; شۇڭا، ئىنسان خۇدانىڭ ئۆز ھاياتىغا باشتىن ئاخىرغىچە نېمىنى بېكىتكەنلىكىنى بىلىپ يەتمەستۇر.
[12] ئىنسانلارغا ھاياتىدا شادلىنىش ۋە ياخشىلىق قىلىشتىن باشقا ئەۋزەل ئىش يوق ئىكەن دەپ بىلىپ يەتتىم. [13] شۇنداقلا يەنە، ھەربىر كىشىنىڭ يېيىش-ئىچىشى، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەجرىدىن ھۇزۇر ئېلىشى، مانا بۇ خۇدانىڭ سوۋغىسىدۇر.
[14] خۇدانىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بولسا، مەڭگۈلۈك بولىدۇ، دەپ بىلىمەن; ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى قوشۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ; خۇدانىڭ ئۇلارنى قىلغانلىرىنىڭ سەۋەبى ئىنسانلارنى ئۆزىدىن ئەيمەندۈرۈشتۇر. [15] ھازىر بولغانلىرى ئۆتكەندىمۇ بولغاندۇر; كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىش ئاللىقاچان بولغاندۇر; خۇدا ئۆتكەن ئىشلارنى سورايدۇ.

## ئادالەتسىز ئىشلار

[16] مەن قۇياش ئاستىدا يەنە شۇ ئىشنى كۆردۈمكى ــ سوراق ئورنىدا، شۇ يەردە ھېلىھەم رەزىللىك تۇرىدۇ; ھەققانىيلىق تۇرۇش كېرەك بولغان جايدا، مانا رەزىللىك تۇرىدۇ! [17] مەن كۆڭلۈمدە: «خۇدا ھەققانىي ھەم رەزىل ئادەمنى سوراققا تارتىدۇ; چۈنكى ھەربىر ئارزۇ-مەقسەت ۋە ھەربىر ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتى بار» ــ دېدىم.

---

11:3 «ئۇ ھەربىر ئىشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە گۈزەل بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن...» ــ بۇ ئايەت ئىنتايىن مۇھىم. خۇدا ئىنسانلارغا، كۆڭلىدە ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەھمىيىتىنى سىزىشنى ئاتا قىلغان. بىراق ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئىنسانلار بۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى، خۇدانىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بېكىتكەن پىلانىنىڭ ۋاقتى-سائەتلىرىنى بىلىپ يەتمەيدۇ. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە ئۇنىڭ ئۈستىدە توختىلىمىز.
15:3 «خۇدا ئۆتكەن ئىشلارنى سورايدۇ» ــ «سورايدۇ» دېگەننىڭ ئىبرانىي تىلدىكى باشقا مەنىسى «ئىزدەيدۇ». «ئۆتكەن ئىشلارنى سورايدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى: «خۇدا ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئادەملەردىن ھېساب ئالىدۇ» دېگەنلىك بولسا كېرەك.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خۇدا ئۆتكەن ئىشلارنى يەنە بولغۇزىدۇ».

[18] مەن كۆڭلۈمدە: ــ بۇنداق بولۇشى ئىنسان بالىلىرىنىڭ سەۋەبىدىندۇر؛ خۇدا ئۇلارنى سىنىماقچى، بۇ ئىشلار ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەقەت هايۋانلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈشى ئۈچۈن بولغان، دەپ ئويلىدىم. [19] چۈنكى ئىنسان بالىلىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغىنى هايۋانلارغىمۇ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرىدىغىنى ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلاردىن ئالدىنقىسى قانداق ئۆلگەن بولسا، كېيىنكىسىمۇ شۇنداق ئۆلىدۇ. ئۇلاردا ئوخشاشلا بىرلا نەپەس باردۇر. ئىنساننىڭ هايۋانلاردىن هېچ ئارتۇقچىلىقى يوق؛ چۈنكى هەممە ئىش بىمەنىلىكتۇر. [20] ئۇلارنىڭ هەممىسى بىر جايغا بارىدۇ؛ هەممىسى توپا-چاڭدىن چىققان، هەممىسى توپا-چاڭغا قايتىدۇ. [21] كىم ئادەم بالىلىرىنىڭ روهىنى بىلىدۇ؟ ئۇ يۇقىرىغا چىقامدۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ؟ هايۋانلارنىڭ روهى، ئۇ يەر تېگىگە چۈشەمدۇ، كىم بىلىدۇ؟
[22] شۇنىڭ بىلەن مەن ئىنساننىڭ ئۆز ئەجرىدىن هۇزۇرلىنىشىدىن ئارتۇق ئىش يوقتۇر، دەپ كۆردۈم؛ چۈنكى مانا، بۇ ئۇنىڭ نېسىۋىسىدۇر؛ چۈنكى ئۇنى ئۆزىدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى كۆرۈشكە كىم ئېلىپ كېلىدۇ؟

## جەبىر-زۇلۇمغا قاراش

4 [1] ئاندىن مەن قايتىدىن زېھنىمنى يىغىپ قۇياش ئاستىدا دائىم بولۇۋاتقان بارلىق زورلۇق-زومبۇلۇقنى كۆردۈم؛ مانا، ئېزىلگەنلەرنىڭ كۆز ياشلىرى! ئۇلارغا هېچ تەسەللى بەرگۈچى يوق ئىدى؛ ئۇلارنى ئەزگەنلەرنىڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى بار ئىدى، بىراق ئېزىلگەنلەرگە هېچ تەسەللى بەرگۈچى يوق ئىدى. [2] شۇڭا مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئۆلگۈچىلەرنى تېخى هايات بولغان

---

20:3 يار. 19:3

1:4 «ئۇلارنى ئەزگەنلەرنىڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى بار ئىدى» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلارنى ئەزگۈچىلەر تەرەپتە كۈچ بار ئىدى».

تەرىكلەردىن ئۈستۈن دەپ تەرىپلىدىم؛ [3] شۇنداقلا بۇ ئىككى خىل كىشىلەردىن بەختلىكى تېخى ئاپىرىدە بولمىغان كىشىدۇر؛ چۈنكى ئۇ قۇياش ئاستىدا قىلىنغان يامانلىقلارنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان.

## رەقىبلىكنىڭ بىمەنىلىكى

[4] ئاندىن مەن بارلىق ئەجىر ۋە بارلىق خىزمەتنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن شۇنى كۆرۈپ يەتتىمكى، ئۇ ئىنساننىڭ يېقىنىنى كۆرەلمەسلىكىدىن بولىدۇ. بۇمۇ بىمەنىلىك ۋە شامالنى قوغلىغاندەك ئىشتۇر.
[5] ئەخمەق قول قوشتۇرۇپ، ئۆز گۆشىنى يەيدۇ.
[6] جاپا چېكىپ شامالنى قوغلاپ ئوچۇمىنى توشقۇزىمەن دېگەندىن، چاڭگىلىنى توشقۇزۇپ خاتىرجەملىكتە بولۇش ئەلادۇر.

## ئاچكۆزلۈكنىڭ تۈرتكىسىدە ئىشلەش

[7] مەن يەنە زېھنىمنى يىغىپ، قۇياش ئاستىدىكى بىر بىمەنىلىكنى كۆردۈم؛ [8] بىرسى يالغۇز، تىكەندەك بولسىمۇ، شۇنداقلا نە ئوغلى نە ئاكا-ئۇكىسى بولمىسىمۇ — بىراق ئۇنىڭ جاپاسىنىڭ ئاخىرى بولمايدۇ، ئۇنىڭ كۆزى بايلىقلارغا تويمايدۇ. ئۇ: «مەن بۇنداق جاپالىق ئىشلەپ، جېنىمدىن زادى كىمگە ياخشىلىق قالدۇرىمەن؟» — دېگەننى سورىمايدۇ. بۇمۇ بىمەنىلىك ۋە ئېغىر جاپادىن ئىبارەتتۇر.

---

**5:4** پەند. 10:6؛ 33:24

6:4 **«جاپا چېكىپ شامالنى قوغلاپ ئوچۇمنى توشقۇزىمەن دېگەندىن، چاڭگىلنى توشقۇزۇپ خاتىرجەملىكتە بولۇش ئەلادۇر»** — 4-ئايەتتە مەنپەئەت-ئابرۇي ئىزدەشنىڭ بىمەنىلىكى كۆرسىتىلىدۇ؛ 5-ئايەتتە «ھېچنېمە قىلمايمەن، پايدىسى يوق» دېگەن ھورۇنلۇق پوزىتسىيىنى ئەيىبلەيدۇ؛ 6-ئايەتتە بۇ ئىككى يولنىڭ ئوتتۇرىدىكى دۇرۇس يولنى كۆرسىتىلىدۇ.

8:4 **«كىبىرسى يالغۇز، تىكەندەك بولسىمۇ،..»** — ئىبرانىي تىلدا «بىرسى يالغۇز، ئىككىنچىسى (ئىككىنچى ئادەم) يوق بولغان ھالدا بولسىمۇ،...». **«ئۇ: «مەن بۇنداق جاپالىق ئىشلەپ، جېنىمدىن زادى كىمگە ياخشىلىق قالدۇرىمەن؟» — دېگەننى سورىمايدۇ»** — بەزى باشقا تەرجىملەردە: «ئۇ: «مەن زادى كىم ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ، ئۆز جېنىمدىن ياخشىلىقنى قالدۇرىمەن؟» — دەپ ئۆكۈنىدۇ» دەپ ئوقۇلىدۇ.

## ھەمراھلىق

[9] ئىككى بىردىن ياخشىدۇر؛ چۈنكى ئىككى بولسا ئەمگىكىدىن ياخشى ئىنئام ئالىدۇ. [10] يىقىلىپ كەتسە، بىرسى ھەمراھىنى يۆلەپ كۆتۈرىدۇ؛ بىراق يالغۇز ھالەتتە يىقىلىپ كەتسە، يۆلىگۈدەك باشقا بىرسى يوق بولسا، بۇ كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!
[11] يەنە، ئىككىسى بىللە ياتسا، بىر-بىرىنى ئىللىتىدۇ؛ لېكىن بىرسى يالغۇز ياتسا قانداق ئىللىتىلسۇن؟ [12] يەنە، بىراۋ يالغۇز بىر ئادەمنى يېڭىۋالغان بولسا، ئىككىسى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۈچ قات ئارغامچا ئاسان ئۈزۈلمەس.

## ئىناۋەتنىڭ بىھۇدىلىكى

[13] كەمبەغەل ئەمما ئاقىل يىگىت يەنە نەسىھەتنىڭ ئەتىۋارىنى قىلمايدىغان قېرى ئەخمەق پادىشاھتىن ياخشىدۇر؛ [14] چۈنكى گەرچە ئۇ بۇ پادىشاھنىڭ پادىشاھلىقىدا كەمبەغەل بولۇپ تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئۇ زىنداندىن تەختكە ئولتۇرۇشقا چىقتى.
[15] مەن قۇياش ئاستىدىكى بارلىق تىرىكلەرنىڭ ئاشۇ ئىككىنچىنى، يەنى پادىشاھنىڭ ئورنىنى باسقۇچىنى، شۇ يىگىتنى قوللايدىغانلىقىنى كۆردۈم. [16] بارلىق خەلق، يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان بارلىق پۇقرالار ساناقسىز بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردىن كېيىنكىلەر يىگىتتىنمۇ رازى بولمايدۇ؛ بۇمۇ بىمەنىلىك ۋە شامالنى قوغلىغاندەك ئىشتۇر.

---

14:4 **«گەرچە ئۇ بۇ پادىشاھنىڭ پادىشاھلىقىدا كەمبەغەل بولۇپ تۇغۇلغان بولسىمۇ،...»** ــ بۇ ئايەتنىڭ قايسى گەۋدىلىك ئەھۋالنى كۆرسەتكەنلىكى ھازىر بىزگە ئېنىق ئەمەس.

16:4 **«يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان بارلىق پۇقرالار»** ــ «ئۇلار» دېگەن كىم؟ بەلكىم بىرىنچى «قېرى» پادىشاھ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان يىگىتنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. **«بارلىق پۇقرالار ساناقسىز بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردىن كېيىنكىلەر يىگىتتىنمۇ رازى بولمايدۇ»** ــ سۇلايمان مەلۇم بىر مىسال توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىدۇ. بۇ «قېرى پادىشاھ» سائۇل پادىشاھقا، «ياش يىگىت» داۋۇت پادىشاھقا ئوخشىتىلىدۇ؛ بىراق دەل ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ (داۋۇت زىنداندا ياتمىغان). گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، يۇرتنىڭ

## نەسىھەت ـ باشقىلارغا ئىخلاسمەن كۆرۈنۈشكە تىرىشىشتىن ھېزى بول

5 [1] خۇدانىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئاۋايلاپ يۇرگىن؛ ئەخمەقلەرچە
قۇربانلىقلارنى سۇنۇش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئاڭلاپ بويسۇنۇش
ئۇچۇن يېقىنلاشقىن؛ چۈنكى ئەخمەقلەر رەزىللىك قىلىۋاتقىنىنى
بىلمەيدۇ. [2] ئاغزىڭنى يېنىكلىك بىلەن ئاچما؛ كۆڭلۈڭ خۇدا ئالدىدا
بىرنېمىنى ئېيتىشقا ئالدىرىمىسۇن؛ چۈنكى خۇدا ئەرشلەردە، سەن يەر
يۈزىدىدۇرسەن؛ شۇڭا سۆزلىرىڭ ئاز بولسۇن. [3] چۈنكى ئىش كۆپ بولسا
چۈشمۇ كۆپ بولغاندەك، گەپ كۆپ بولسا، ئەخمەقنىڭ گېپى بولۇپ قالىدۇ.
[4] خۇداغا قەسەم ئىچسەڭ، ئۇنى ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرمە؛ چۈنكى ئۇ
ئەخمەقلەردىن ھۇزۇر ئالمايدۇ؛ شۇڭا قەسىمىڭنى ئادا قىلغىن. [5] قەسەم
ئىچىپ ئادا قىلمىغاندىن كۆرە، قەسەم ئىچمەسلىكىڭ تۈزۈكتۇر.
[6] ئاغزىڭ تېنىڭنى گۇناھنىڭ ئىختىيارىغا قويۇۋەتمىسۇن؛ پەرىشتە
ئالدىدا: «خاتا سۆزلەپ سالدىم» دېمە؛ نېمىشقا خۇدا گېپىڭدىن
غەزەپلىنىپ قوللىرىڭ ياسىغاننى ھالاك قىلىدۇ؟ [7] چۈنكى چۈش كۆپ
بولسا بىمەنىلىكمۇ كۆپ بولىدۇ؛ گەپ كۆپ بولسىمۇ ئوخشاشتۇر؛
شۇڭا، خۇدادىن قورققىن!

---

پىكرى تايانچىسىزدۇر؛ ئىككىنچى پادىشاھ پەقەت بىر مەزگىللا قارشى ئېلىندى، بىراق خەلق تېزلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى قوللىمىدى. بۇ بىر بىمەنىلىك!

1:5 **«...ئەخمەقلەرچە قۇربانلىقلارنى سۇنۇش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئاڭلاپ بويسۇنۇش ئۇچۇن يېقىنلاشقىن»** ــ بۇ نەسىھەتنىڭ مەنىسى قۇربانلىقلار ياخشى ئەمەس، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە؛ پەقەت قۇربانلىقنى ئەخمەقلەرچە، بىمەنە سۇنماسلىق كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

3:5 **«... گەپ كۆپ بولسا، ئەخمەقنىڭ گېپى بولۇپ قالىدۇ»** ــ بۇ سۆزلەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى بەلكىم ئەخمەقلەرنىڭ بىھۇدە قەسەم ئىچىدىغانلىقى بولۇشى مۇمكىن.

**4:5** چۆل. 3:30؛ قان. 20:23

**5:5** قان. 20:23، 21

6:5 **«پەرىشتە ئالدىدا»** ــ قايسى پەرىشتە؟ «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» بولۇشى كېرەك. ئىبرانىي تىلىدا «ئەلچى» ۋە «پەرىشتە» دېگەنلەر بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. كاھىن ھەم پەرىشتە خۇدانىڭ «ئەلچى»سىدۇر («مال.» 7:2نى كۆرۈڭ).

**7:5** پەند. 19:10

## نەپسى يامان مەنسەپدارلار

[8] سەن نامراتلارنىڭ ئېزىلگەنلىكىنى ياكى يەرلىك مەنسەپدارلارنىڭ
ھەق-ئادالەتنى زوراۋانلارچە قايرىپ قويغانلىقىنى كۆرسەڭ، بۇ
ئىشلاردىن ھەيران قالما؛ چۈنكى مەنسەپداردىن يۇقىرى يەنە بىرسى
كۆزلىمەكتە؛ ۋە ئۇلاردىنمۇ يۇقىرىسىمۇ باردۇر. [9] بىراق نېمىلا بولمىسۇن
يەر-تۇپراق ھەممە ئادەمگە پايدىلىقتۇر؛ ھەتتا پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ
يەر-تۇپراقۇقا تايىنىدۇ.

## پۇل

[10] كۈمۈشكە ئامراق كۈمۈشكە قانماس، بايلىقلارغا ئامراق ئۆز
كىرىمگە قانماس؛ بۇمۇ بىمەنىلىكتۇر. [11] مال-مۈلۈك كۆپەيسە،
ئۇلارنى يېگۈچىلەرمۇ كۆپىيىدۇ؛ مال ئىگىسىگە ئۇلارنى كۆزلەپ،
ئۇلاردىن ھۇزۇر ئېلىشتىن باشقا نېمە پايدىسى بولسۇن؟
[12] ئاز يېسۇن، كۆپ يېسۇن، ئەمگەكچىنىڭ ئۇيقۇسى تاتلىقتۇر؛ بىراق
باينىڭ توقلۇقى ئۇنى ئۇخلاتماس.

## بايلىقلارغا باغلىق يەنە بىر بىمەنىلىك

[13] مەن قۇياش ئاستىدا زور بىر كۆلپەتنى كۆردۈم ــ ئۇ بولسىمۇ، ئىگىسى

---

8:5 «**سەن نامراتلارنىڭ ئېزىلگەنلىكىنى ... كۆرسەڭ، بۇ ئىشلاردىن ھەيران قالما؛**» ــ سۇلايمان پادىشاھ ئۆزى ئادىل پادىشاھ بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى قاتلاممۇ-قاتلام يەرلىك مەنسەپدارلارنىڭ چىرىكلىشىشىنى تىزگىنلىيەلىشى چەكلىكتۇر.

9:5 «**بىراق نېمىلا بولمىسۇن يەر-تۇپراق ھەممە ئادەمگە پايدىلىقتۇر؛ ھەتتا پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ يەر-تۇپراققا تايىنىدۇ**» ــ ئىبرانىي تىلدا بۇ ئايەتنى چۈشىنىش تەس. بىزنىڭچە سۇلايمان ئادەمنىڭ دىققىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمغا، يەنى خۇدانىڭ ياخشىلىقى (تۇپراقتىكى زىرائەتلەر ئارقىلىق بولغان ياخشىلىقى)غا قاراتماقچى. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىراق ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىدىغان پادىشاھ زېمىنغا پايدىلىقتۇر». بۇ تەرجىمىنىڭ مەنىسى: «زېمىننى باشقۇرىدىغان بىرسى بولسا (بولۇپمۇ پادىشاھ ئۆزى تېرىقچىلىقنى چۈشەنسە)، بۇ بەربىر ھۆكۈمەتسىزلىكتىن، قالايمىقانچىلىقتىن، ھاكىمىيەتسىزلىكتىن ياخشى» دېگەندەك. ئوقۇرمەنلەر باشقا تەرجىمىلەرنىمۇ ئۆچرىتىشى مۇمكىن

12:5 «**باينىڭ توقلۇقى**» ــ «باينىڭ توقلۇقى» بەلكىم ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ: (1) ئۇنىڭ بايلىقىدىن ئەنسىرەشلىرى؛ (2) زىيادە كۆپ تاماق يەپ، ھەزىم بولماسلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن

ئۆزگە زىيان يەتكۈزىدىغان بايلىقلارنى توپلاشتۇر؛ [14]شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ بايلىقلىرى بالايىئاپەت تۈپەيلىدىن يوقىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنداق ئادەمنىڭ بىر ئوغلى بولسا، ئوغلىنىڭ قولىغا قالدۇرغۇدەك ھېچنېمىسى يوق بولىدۇ. [15]ئۇ ئاپىسىنىڭ قورسىقىدىن يالىڭاچ چىقىپ، كەتكەندىمۇ يالىڭاچ پېتى كېتىدۇ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدىن قولىغا ئالغۇدەك ھېچنېمىنى ئېپكەتەلمەيدۇ. [16]مانا بۇمۇ ئېغىر ئەلەملىك ئىش؛ چۈنكى ئۇ قانداق كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق كېتىدۇ؛ ئەمدى ئۇنىڭ شامالغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمگەك قىلغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ [17]ئۇنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە يەپ-ئىچكىنى قاراڭغۇلۇقتا بولۇپ، غەشلىكى، كېسەللىكى ۋە خاپىلىقى كۆپ بولىدۇ.

## ئەمگەكنىڭ مېۋىسىدىن ھۇزۇر ئېلىش

[18]مانا نېمىنىڭ يارامىلىق ۋە گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆردۈم — ئۇ بولسىمۇ، ئىنساننىڭ خۇدا ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان ئۆمرىنىڭ ھەربىر كۈنلىرىدە يېيىش، ئىچىش ۋە قۇياش ئاستىدىكى بارلىق مېھنىتىدىن ھۇزۇر ئېلىشتۇر؛ چۈنكى بۇ ئۇنىڭ نېسىۋىسىدۇر. [19]خۇدا ھەربىرسىنى بايلىقلارغا، مال-دۇنياغا ئىگە بولۇشقا، شۇنىڭدەك ئۇلاردىن يېيىشكە، ئۆز رىزقىنى قوبۇل قىلىشقا، ئۆز ئەمگىكىدىن ھۇزۇر ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلغان بولسا — مانا بۇلار خۇدانىڭ سوۋغىتىدۇر. [20]چۈنكى ئۇ ئۆمرىدىكى تېز ئۆتىدىغان كۈنلىرى ئۈستىدە كۆپ ئويلانمايدۇ؛ چۈنكى خۇدا ئۇنى كۆڭلىنىڭ شادلىقى بىلەن بەند قىلىدۇ.

---

**15:5** زەب. 20-17:49

**18:5** توپ. 10:2، 24؛ 12:3، 22؛ 7:9؛ 9:11

## ھەممە ئادەم ھاياتىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايدۇ

6 [1] قۇياش ئاستىدا بىر يامان ئىشنى كۆردۈم؛ ئۇ ئىش ئادەملەر
ئارىسىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ ــ
[2] خۇدا بىرسىگە بايلىقلار، مال-دۇنيا ۋە ئىززەت-ھۆرمەت تەقسىم
قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلى خالىغىنىدىن ھېچنەرسىسى
كەم بولمىدى؛ بىراق خۇدا ئۇنىڭغا بۇلاردىن ھۇزۇر ئېلىشقا مۇيەسسەر
قىلمىدى، بەلكى يات بىر ئادەم ئۇلاردىن ھۇزۇر ئالىدۇ؛ مانا بۇ
بىمەنىلىك ۋە ئېغىر ئازابتۇر.
[3] بىرسى يۈز بالا كۆرۈپ كۆپ يىل ياشىشى مۇمكىن؛ بىراق ئۇنىڭ يىل-
كۈنلىرى شۇنچىلىك كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ جېنى بەختنى كۆرمىسە،
ھەتتا گۆرنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، تۇغۇلۇپ چاچراپ كەتكەن بوۋاق
ئۇنىڭدىن ئەۋزەلدۇر دەيمەن. [4] چۈنكى چاچرىغان بالا بىمەنىلىك
بىلەن كېلىدۇ، قاراڭغۇلۇقتا كېتىدۇ، قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئىسمىنى
قاپلايدۇ؛ [5] ئۇ كۈننىمۇ كۆرمىگەن، بىلمىگەن؛ بىراق ھېچ بولمىغاندا
ئۇ بىرىنچىسىگە نىسبەتەن ئارام تاپقاندۇر.
[6] بەرھەق، ھېلىقى كىشى ھەتتا ئىككى ھەسسە مىڭ يىل ياشىغان
بولسىمۇ، بىراق بەختنى كۆرمىسە، ئەھۋالى ئوخشاشتۇر ــ ھەربىر
كىشى ئوخشاش بىر جايغا بارىدۇ ئەمەسمۇ؟

## جاۋابسىز سوئاللار

[7] ئادەمنىڭ تارتقان بارلىق جاپاسى ئۆز ئاغزى ئۈچۈندۇر؛ بىراق ئۇنىڭ
ئىشتىھاسى ھەرگىز قانمايدۇ. [8] شۇنداقتا دانا كىشىنىڭ ئەخمەقتىن
نېمە ئارتۇقچىلىقى بولسۇن؟ نامرات كىشى باشقىلار ئالدىدا قانداق
مېڭىشنى بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ [9] كۆزنىڭ
كۆرۈشى ئارزۇ-ھەۋەسنىڭ ئۇيان-بۇيان يۈرۈشىدىن ئەۋزەلدۇر. بۇنداق

---

3:6 **«ھەتتا گۆرنى كۆرمىگەن بولسىمۇ،...»** ــ دېمەك، ئۇ ئۆلمەيدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ۋە ياكى دەپنە قىلىنمىغان بولسا،...».

**5:6** ئايۇپ 3:16؛ زەب. 58:7-8

قىلىشمۇ بىمەنىلىك ۋە شامالنى قوغلىغاندەك ئىشتۇر. [10] ئۆتۈپ
كەتكەن ئىشلارنىڭ بولسا ئاللىقاچان نامى بېكىتىلىپ ئاتالغان؛
ئىنساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىمۇ ئايان بولغان؛ شۇڭا ئىنساننىڭ
ئۆزىدىن قۇدرەتلىك بولغۇچى بىلەن قارشىلىشىشىغا بولمايدۇ.
[11] چۈنكى گەپ قانچە كۆپ بولسا، بىمەنىلىك شۇنچە كۆپ بولىدۇ؛
بۇنىڭ ئىنسانغا نېمە پايدىسى؟ [12] چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆمرىدە،
يەنى ئۇنىڭ سايىدەك تېزلا ئۆتىدىغان مەنىسىز ئۆمرىدىكى بارلىق
كۈنلىرىدە ئۇنىڭغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟
چۈنكى ئىنسانغا ئۇ كەتكەندىن كېيىن قۇياش ئاستىدا نېمە ئىشنىڭ
بولىدىغانلىقىنى كىم دەپ بېرەلىسۇن؟

## يەنە بىرقانچە ھېكمەت ۋە پاكىتلار ـ پاكىتلارغا يۈزلىنىش كېرەك!

7 [1] ياخشى نام-ئابروي قىممەتلىك تۈتىيادىن ئەۋزەل؛ ئادەمنىڭ
ئۆلۈش كۈنى تۇغۇلۇش كۈنىدىن ئەۋزەلدۇر.
[2] ماتەم تۇتۇش ئۆيىگە بېرىش زىياپەت-توي ئۆيىگە بېرىشتىن
ئەۋزەل؛ چۈنكى ئاشۇ يەردە ئىنساننىڭ ئاقىۋىتى ئايان قىلىنىدۇ؛

---

10:6 **«ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ ... ئاللىقاچان نامى بېكىتىلىپ ئاتالغان»** ـــ مەنىسى ھەربىر ئىش ئالدىنئالا خۇدا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولسا كېرەك. **«ئىنساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىمۇ ئايان بولغان»** ـــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئىنساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىمۇ بىلىنگەن (دېمەك، خۇدا تەرىپىدىن)» (شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىش بىھۇدىلىكتۇر). بىراق ئايەتنى ئىنساننىڭ ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ، دەپ قارايمىز.

11:6 **«چۈنكى گەپ قانچە كۆپ بولسا،..»** ـــ مۇشۇ يەردە «گەپ» ئىنساننىڭ خۇدا بىلەن قارشىلىشىدىغان گەپلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى بىھۇدىلىكنى كۆپەيتىدىغان ئىشلار كۆپتۇر...»

**12:6** توپ. 7:8؛ زەب. 4:144؛ ياق. 13:4، 14

**1:7** پەند. 1:22

تېرىك بولغانلار بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈشى كېرەك.
[3] غەشلىك كۈلكىدىن ئەۋزەلدۇر؛ چۈنكى چىرايىنىڭ پەرىشانلىقى
بىلەن قەلب ياخشىلىنىدۇ.
[4] دانا كىشىنىڭ قەلبى ماتەم تۇتۇش ئۆيىدە، بىراق ئەخمەقنىڭ قەلبى
تاماشىنىڭ ئۆيىدىدۇر.
[5] ئەخمەقلەرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كۆرە، دانا كىشىنىڭ
تەنبىھىنى ئاڭلىغىن؛ [6] چۈنكى ئەخمەقنىڭ كۈلكىسى قازان
ئاستىدىكى يانتاقلارنىڭ پاراسلىشىدەك، خالاس؛ بۇمۇ
بىمەنىلىكتۇر.

## ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى چەكلىكتۇر

[7] جەبىر-زۇلۇم دانا ئادەمنى نادانغا ئايلاندۇرىدۇ،
پارا بولسا قەلبنى ھالاك قىلىدۇ.
[8] ئىشنىڭ ئايىغى بېشىدىن ئەۋزەل؛
سەۋر-تاقەتلىك روھ تەكەببۇر روھتىن ئەۋزەلدۇر.
[9] روھىڭدا خاپا بولۇشقا ئالدىرىما؛
چۈنكى خاپىلىق ئەخمەقلەرنىڭ باغرىدا قونۇپ ياتىدۇ.
[10] «نېمىشقا بۇرۇنقى كۈنلەر ھازىرقى كۈنلەردىن ئەۋزەل؟» ــ دېمە؛
چۈنكى سېنىڭ بۇنداق سورىغىنىڭ دانالىقتىن ئەمەس.

---

2:7 يۇھ. 31:11

5:7 پەند. 18:13؛ 31:15، 32

6:7 «قازان ئاستىدىكى يانتاقلارنىڭ پاراسلىشىدەك...» ــ يانتاقنىڭ كۆيگەن چاغدىكى ئاۋازى كۈچلۈك، بىراق تەپتى ئىنتايىن قىسقا.

6:7 زەب. 9:58

7:7 «جەبىر-زۇلۇم دانا ئادەمنى نادانغا ئايلاندۇرىدۇ،...» ــ جەبىر-زۇلۇم يۈرگۈزگەن دانا كىشى ئۆزىنى ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان نادان قىلىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «جەبىر-زۇلۇم يۈرگۈزگۈچى دانا كىشىنى ساراڭ قىلىدۇ، پارا بولسا ئۇنى تەلۋە قىلىدۇ».

## دانالىقنىڭ ئەۋزەللىكى

[11] دانالىق مىراسقا ئوخشاش ياخشى ئىش، قۇياش نۇرى كۆرگۈچىلەرگە
پايدىلىقتۇر. [12] چۈنكى دانالىق پۇل پاناھ بولغاندەك، پاناھ بولىدۇ؛
بىراق دانالىقنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ ئۆز ئىگىلىرىنى ھاياتقا
ئېرىشتۈرىدۇ.
[13] خۇدانىڭ قىلغانلىرىنى ئويلاپ كۆر؛ چۈنكى ئۇ ئەگرى قىلغاننى كىم
تۈز قىلالىسۇن؟
[14] ئاۋات كۈنىدە ھۇزۇر ئال؛ ۋە يامان كۈنىدىمۇ شۇنى ئويلاپ كۆر: ــ خۇدا
ئۇلارنىڭ بىرىنى، شۇنداقلا يەنە بىرىنىمۇ تەڭ ياراتقاندۇر؛ شۇنىڭ بىلەن
ئىنسان ئۆزى كەتكەندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ.

## «قۇياش ئاستىدىكى» دانالىق

[15] مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى بىمەنە كۈنلىرىمدە كۆرۈپ يەتتىم؛ ھەققانىي
بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھەققانىيلىقى بىلەن يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى
كۆردۈم، شۇنىڭدەك رەزىل بىر ئادەمنىڭ ئۆز رەزىللىكى بىلەن
ئۆمرىنى ئۇزارتقانلىقىنى كۆردۈم. [16] ئۆزۈڭنى دەپ ھەددىدىن زىيادە
ھەققانىي بولما؛ ۋە ئۆزۈڭنى دەپ ھەددىدىن زىيادە دانا بولما؛ سەن ئۆز-
ئۆزۈڭنى ئالاقزادە قىلماقچىمۇسەن؟ [17] ئۆزۈڭنى دەپ ھەددىدىن زىيادە

16:7 **«ئۆزۈڭنى دەپ ھەددىدىن زىيادە ھەققانىي بولما؛ ۋە ئۆزۈڭنى دەپ ھەددىدىن زىيادە دانا بولما؛...»** ــ سۇلايماننىڭ مۇشۇ گېپىدىن ھېچكىم: «ھەققانىيلىقنىڭ «ئارتۇق»، «ھەددىدىن زىيادە» دەيدىغان دەرىجىسى بولىدۇ» دەپ ئويلىمىسا كېرەك. ھەققانىيلىق دېگەن ھەققانىيلىقتۇر. بۇ يەردە گەپ ھەجۋىيلىك، كىنايىلىك بىلەن ئېيتىلغان. ھالقىلىق سۆز «ئۆزۈڭنى دەپ» ــ دېمەك، ھەققانىي بولماقچى بولغان بۇ كىشىنىڭ مەقستى خۇدانى تونۇش ئەمەس، پەقەت خۇدانىڭ بەرىكىتىگىلا ئېرىشىش دېگەندىن ئىبارەت، خالاس؛ 15-ئايەتتە دېيىلگەن ئەھۋالغا قارىغاندا، ھەققانىي ۋە دانا ئادەملەرمۇ پېشكەللىككە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلمىسا، «نېمىشقا بۇ كۆلپەتلەر بېشىمغا چۈشتى» دەپ «ئالاقزادە بولۇپ كېتىشى» مۇمكىن.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى ۋە چۈشەنچىسى: «ئۆزۈڭنى ھەددىدىن زىيادە ھەققانىي كۆرسەتمە؛ ۋە ئۆزۈڭنى ھەددىدىن زىيادە دانا كۆرسەتمە. ئۆز-ئۆزۈڭنى ھالاك قىلماقچىمۇسەن؟»».
—يەنە باشقا بىرنەچچە خىل چۈشەنچىسىمۇ بار.

رەزىل بولما، ياكى ئەخمەق بولما؛ ئۆز ئەجىلىڭ توشماي تۇرۇپ ئۆلمە
كچىمۇسەن؟ [18] شۇڭا، بۇ ئاگاھنى چىڭ تۇت، شۇنىڭدىن ئۇ ئاگاھنىمۇ
قولۇڭدىن بەرمىگىنىڭ ياخشى؛ چۈنكى خۇدادىن قورققىدىغان كىشى
ھەر ئىككىسى بىلەن ئۇتۇقلۇق بولىدۇ.

## ئادەملەر گۇناھكار بولغاچقا، دانالىق ناھايىتى زۆرۈردۇر

[19] دانالىق دانا كىشىنى بىر شەھەرنى باشقۇرىدىغان ئون ھۆكۈمراندىن
زىيادە كۈچلۈك قىلىدۇ.
[20] بەرھەق، يەر يۈزىدە دائىم مېھرىبانلىق يۈرگۈزىدىغان، گۇناھ سادىر
قىلمايدىغان ھەققانىي ئادەم يوقتۇر.
[21] يەنە، خەقلەرنىڭ ھەممىلا گەپ-سۆزلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپ
كەتمە؛ بولمىسا، ئۆز خىزمەتكارىڭنىڭ ساڭا لەنەت ئوقۇغانلىقىنى
ئاڭلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن. [22] چۈنكى كۆڭلۈڭدە، ئۆزۈڭنىڭمۇ
شۇنىڭغا ئوخشاش باشقىلارغا كۆپ قېتىم لەنەت قىلغانلىقىڭنى
ئوبدان بىلىسەن.

---

17:7 **«ئۆزۈڭنى دەپ ھەددىدىن زىيادە رەزىل بولما، ياكى ئەخمەق بولما؛...»** ــ ھېچكىم سۇلايماننىڭ بۇ گېپىنىڭ مەنىسىنى: «رەزىللىكنىڭ «نورمال» ياكى ««ئەقىلگە سىغىدۇ» دېيىدىغان دەرىجىسى بار» دەپ ئويلىمىسا كېرەك. بۇ گەپ بەلكىم ئاللىقاچان رەزىللىشىپ كەتكەن ئادەملەرگە قارىتىپ كىنايىلىك بىلەن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. 15-ئايەتتىكى: «رەزىللىك پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن، رەزىللىكىمنى كۆپەيتىمەن» دېگەنگە قارىتا، سۇلايمان بۇ ئاگاھنى قوشۇپ ئېيتىدۇ. رەزىل ئادەملەر بەرىبىر ئۆلىدۇ؛ بىراق رەزىل ئادەملەر بۇنداق كىنايىلىك گەپنى قوبۇل قىلسا، ھېچ بولمىغاندا شۇ يول بىلەن ئۆلارنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان جازا تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتمەيدۇ.
—يەنە باشقا بىرنەچچە خىل چۈشەنچىسىمۇ بار.
18:7 **«... ھەر ئىككىسى بىلەن ئۇتۇقلۇق بولىدۇ»** ــ دېمەك، خۇدادىن قورققىدىغان ئادەم سۇلايماننىڭ يۇقىرىقى 16-17-ئايەتتىكى ئىككى ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن ئازدۇرۇشتىن قۇتۇلىدۇ.
—يەنە باشقا بىرنەچچە خىل چۈشەنچىسىمۇ بار.
**20:7** 1پاد. 8:46، 47؛ 2تار. 6:36؛ پەند. 9:20؛ 1يۇھ. 8:1

# ئىنساننىڭ دانالىقنىڭ چەكلىكلىكى

[23] بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دانالىق بىلەن سىناپ باقتىم؛ مەن: «دانا
بولىمەن» دېسەممۇ، ئەمما ئۇ مەندىن يىراق ئىدى. [24] بارلىق يۈز بەرگەن
ئىشلار بولسا ئەقلىمىزدىن يىراق، شۇنىڭدەك ئىنتايىن سىرلىقتۇر؛
كىم ئۇنى ئىزدەپ بىلىپ يېتەلىسۇن؟

[25] مەن چىن كۆڭلۈمدىن دانالىق ۋە ئەقلىي بىلىمنى بىلىشكە،
سۈرۈشتۈرۈشكە ۋە ئىزدەشكە، شۇنداقلا رەزىللىكنىڭ ئەخمەقلىقىنى،
ئەخمەقلىقنىڭ تەلۋىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشكە زېھنىمنى
يىغدىم. [26] شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى تور ۋە قىلتاق، قوللىرى ئاسارەت
بولغان ئايالنىڭ ئۆلۈمدىن ئاچچىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم؛ خۇدانى
خۇرسەن قىلىدىغان كىشى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، بىراق
گۇناھكار ئادەم ئۇنىڭغا تۇتۇلۇپ قالىدۇ.

[27] بۇ بايقىغانلىرىمغا قارا، ــ دەيدۇ ھېكمەت توپلىغۇچى ــ پاكىتلارنى
بىر-بىرىگە باغلاپ سېلىشتۇرۇپ، ئەقىل ئىزدىدىم؛ [28] مېنىڭ قەلبىم
ئۇنى يەنىلا ئىزدىمەكتە، بىراق تېخى تاپالمىدىم! ــ مىڭ كىشى
ئارىسىدا بىر دۇرۇس ئەركەكنى تاپتىم ــ بىراق شۇ مىڭ كىشى
ئارىسىدىن بىرمۇ دۇرۇس ئايالنى تاپالمىدىم. [29] مانا كۆرگىن، مېنىڭ
بايقىغانلىرىم پەقەت مۇشۇ بىرلا ــ خۇدا ئادەمنى ئەسلى دۇرۇس
ياراتقان؛ بىراق ئادەملەر بولسا نۇرغۇنلىغان ھىيلە-مىكىرلەرنى
ئىزدەيدۇ.

---

24:7 **«ئىنتايىن سىرلىق»** ــ ئىبرانىي تىلدا «چوڭقۇر، چوڭقۇر» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

**25:7** توپ. 1:17؛ 2:12

**26:7** پەند. 5:3؛ 6:24-35؛ 7:6-27؛ 22:14

28:7 **«مىڭ كىشى ئارىسىدا بىر دۇرۇس ئەركەكنى تاپتىم ــ بىراق شۇ مىڭ كىشى ئارىسىدىن بىرمۇ دۇرۇس ئايالنى تاپالمىدىم»** ــ بۇ بايان بىزگە سۇلايماننىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ قىز-ئاياللار توغرۇلۇق بولغان خەۋىرى نەدىن كەلگەن؟ ئۇ قانداقتۇ «مىڭ ئايال» بىلەن تونۇشقانمۇ؟ تەۋراتتىكى «پادىشاھلار» قىسمىدىن بىلىمىزكى، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئايال-كېنىزەكلىرى بار ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئاخىرىدا خۇدانىڭ يولىدىن يىراقلىشىپ، بۇتپەرەسلىككە ئالدىنىپ كەتكەنىدى.

## بىرنەچچە نەسىھەتلەر

8 [1] كىم دانا كىشىگە تەڭ كېلەلەيدۇ؟ كىم ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشنى
بىلىدۇ؟ كىشىنىڭ دانالىقى چىرايىنى نۇرلۇق قىلىدۇ، يۈزىنىڭ
سۈرىنى يورۇتىدۇ.
[2] پادىشاھنىڭ پەرمانىغا قۇلاق سېلىشىڭنى دەۋەت قىلىمەن؛ بولۇپمۇ
خۇدا ئالدىدا ئىچكەن قەسەم تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلغىن. [3] ئۇنىڭ
ئالدىدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىما؛ يامان بىر دەۋانى قوللاشتا
چىڭ تۇرما؛ چۈنكى پادىشاھ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ. [4] چۈنكى
پادىشاھنىڭ سۆزى ھوقۇقتۇر؛ كىم ئۇنىڭغا: «ئۆزلىرى نېمە قىلىلا؟» —
دېيەلىسۇن؟ [5] كىم پادىشاھنىڭ پەرمانىنى تۇتقان بولسا ھېچ يامانلىقنى
كۆرمەيدۇ؛ دانا كىشىنىڭ كۆڭلى ھەم پەيتنى ھەم يولنى پەملىيەلەيدۇ.
[6-7] چۈنكى ھەربىر ئىش-ئارزۇنىڭ پەيتى ۋە يولى بار؛ ئىنسان كېيىنكى
ئىشلارنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ دەرد-ئەلەمى ئۆزىنى قاتتىق باسىدۇ.
كىم ئۇنىڭغا قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتالىسۇن؟
[8] ھېچكىم ئۆز روھىغا ئىگە بولالماس، يەنى ھېچكىمنىڭ ئۆز روھىنى
ئۆزىدە قالدۇرۇش ھوقۇقى يوقتۇر؛ ھېچكىمنىڭ ئۆلۈش كۈنىنى ئۆز
قولىدا تۇتۇش ھوقۇقى يوقتۇر؛ شۇ جەڭدىن قېچىشقا رۇخسەت يوقتۇر؛
رەزىللىك رەزىللىككە بېرىلگۈچىلەرنى قۇتقۇزماس.

---

2:8 **«بولۇپمۇ خۇدا ئالدىدا ئىچكەن قەسەم تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلغىن»** — بۇ قەسەم پادىشاھنىڭ خۇدا ئالدىدا ئىچكەن قەسىمى (ئادىل، بىتەرەپ بولۇش ئۈچۈن) بولسا كېرەك؛ بەزى ئالىملار، قەسەم پۇقرالارنىڭكى (پادىشاھقا سادىق بولۇش ئۈچۈن)، دەپ قارايدۇ.

**2:8** پەند. 21:24

3:8 **«ئۇنىڭ پادىشاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىما»** — بۇ سۆز بەلكىم پادىشاھقا قارشى چىقىش، ياكى ئۇنىڭدىن رازى بولماسلىق توغرۇلۇق بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. **«يامان بىر دەۋانى قوللاشتا چىڭ تۇرما»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «(پادىشاھنىڭ) ئىشى ساڭا ئېغىر كەلسىمۇ ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرمە».

**5:8** رىم. 3:13

**6-7:8** توپ. 12:6

**8:8** ئايۇپ 5:14؛ زەب. 6-5:39

## بەزى بىھۇدە باشقا ئىشلار

9 بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم، شۇنداقلا قۇياش ئاستىدا
قىلىنغان ھەربىر ئىشقا، ئادەمنىڭ ئادەم ئۈستىگە ھوقۇق تۇتقانلىقى
بىلەن ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان مۇشۇ ۋاقىتقا كۆڭۈل قويدۇم.
10 شۇنىڭدەك رەزىللەرنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقىنى كۆردۇم؛ ئۇلار
ئەسلىدە مۇقەددەس جايغا كىرىپ-چىقىپ يۈرەتتى؛ ئۇلار مۇقەددەس
جايدىن چىقىپلا، رەزىل ئىشلارنى قىلغان شۇ شەھەر ئىچىدە
ماختىلىدۇ تېخى! بۇمۇ بىمەنىلىكتۇر!
11 رەزىللىك ئۈستىدىن ھۆكۈم تېزدىن بەجا كەلتۈرۈلمىگەچكە، شۇڭا
ئىنسان بالىلىرىنىڭ كۆڭلى رەزىللىكنى يۈرگۈزۈشكە پۈتۈنلەي
بېرىلىپ كېتىدۇ.
12 گۇناھكار يۈز قېتىم رەزىللىك قىلىپ، كۈنلىرىنى ئۇزارتسىمۇ،
خۇدادىن قورقىدىغانلارنىڭ ئەھۋالى ئۇلاردىن ياخشى بولىدۇ دەپ
بىلىمەن؛ چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا قورقىدۇ. 13 بىراق رەزىللەرنىڭ
ئەھۋالى ياخشى بولمايدۇ، ئۇنىڭ كۈنلىرى سايىدەك تېزلا ئۆتۈپ،
كۈنلىرى ئۇزارتىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ خۇدادا ئالدىدا قورقمايدۇ.

---

9:8 **«بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم،... ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان مۇشۇ ۋاقىتقا كۆڭۈل قويدۇم»** — بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىسى: «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم، شۇنداقلا قۇياش ئاستىدا قىلىنغان ھەربىر ئىشقا كۆڭۈل قويدۇم؛ ئادەمنىڭ ئادەم ئۈستىگە ھوقۇق تۇتۇشىنىڭ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ۋاقتى بار» ياكى «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم، شۇنداقلا قۇياش ئاستىدا قىلىنغان ھەربىر ئىشقا كۆڭۈل قويدۇم؛ ئادەمنىڭ ئادەم ئۈستىگە ھوقۇق تۇتۇشىنىڭ ئۇلارغا (باشقا ئادەملەرگە) زىيان يەتكۈزىدىغان ۋاقتى بار».

10:8 **«... شۇ شەھەر ئىچىدە ماختىلىدۇ»** — بەزى قەدىمكى كۆچۈرۈلمىلەردە: «ماختىلىدۇ» دېگەننىڭ ئورنىدا «ئۇنتۇلىدۇ» دېگەن سۆز تېپىلىدۇ. بىز ئالغان نۇسخا ئالدى-كەينى سۆزلەرگە باغلىققۇ دەيمىز.

12:8 **«گۇناھكار ... كۈنلىرىنى ئۇزارتسىمۇ»** — بەزى گۇناھكار مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، پۇلى ياكى باشقا ئامالى تايىنىپ، «كۈنلىرىنى ئۇزارتىدۇ». بۇ ئەھۋال ۋاقىتلىق، ئەلۋەتتە.

**12:8** زەب. 37:7-12، 18-20؛ يەند. 33:1؛ يەش. 10:3

13:8 **«... ئۇنىڭ كۈنلىرى سايىدەك تېزلا ئۆتۈپ، كۈنلىرى ئۇزارتىلمايدۇ»** — يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «... ئۇ كۈنلەرنى سايىنى ئۇزارتقاندەك ئۇزارتمايدۇ».

[14] يەر يۈزىدە يۈرگۈزۈلگەن بىر بىمەنىلىك بار؛ بېشىغا رەزىللەرنىڭ
قىلغىنى بويىچە كۈن چۈشىدىغان ھەققانىي ئادەملەر بار؛ بېشىغا
ھەققانىي ئادەملەرنىڭ قىلغىنى بويىچە ياخشىلىق چۈشىدىغان
رەزىل ئادەملەرمۇ بار. مەن بۇ ئىشنىمۇ بىمەنىلىك دېدىم. [15] شۇڭا
مەن تاماشىنى تەرىپلىدىم؛ چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن قۇياش ئاستىدا
يېيىش، ئىچىش ۋە ھۇزۇر ئېلىشتىن ياخشى ئىش يوقتۇر؛ شۇنداق
قىلىپ ئۇنىڭ ئەمگىكىدىن بولغان مېۋە خۇدا تەقدىم قىلغان قۇياش
ئاستىدىكى ئۆمرىنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە ئۆزىگە ھەمراھ بولىدۇ.
[17-16] كۆڭلۈمنى دانالىقنى ۋە يەر يۈزىدە قىلىنغان ئىشلارنى بىلىپ
يېتىش ئۈچۈن قويغاندا، شۇنداقلا خۇدا قىلغان بارلىق ئىشلارنى
كۆرگىنىمدە شۇنى بايقىدىم: ــ ئىنسان ھەتتا كېچە-كۈندۈز كۆزلىرىگە
ئۇيقۇنى كۆرسەتمىسىمۇ، قۇياش ئاستىدىكى بارلىق ئىشنى بىلىپ
يېتەلمەيدۇ؛ ئۇ ئۇنى چۈشىنىشكە قانچە ئىنتىلسە، ئۇ شۇنچە
بىلىپ يېتەلمەيدۇ. ھەتتا دانا كىشى «بۇنى بىلىپ يەتتىم» دېسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنى بىلىپ يەتمەيدۇ.

## خۇدا بىزگە دوستمۇ، دۈشمەنمۇ؟ ــ ئۆلۈمگە يۈزلىنىش

9 [1] مەن شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كۆڭۈل قويدۇم؛
شۇنى بايقىدىمكى، مەيلى ھەققانىي كىشى ياكى دانا كىشى
بولسۇن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بارلىق قىلغانلىرى خۇدانىڭ قولىدىدۇر،
دەپ بايقىدىم؛ ئىنسان ئۆزىگە مۇھەببەت ياكى نەپرەتنىڭ
كېلىدىغانلىقىنى ھېچ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق ئىش

15:8 تۇپ. 2:24؛ 3:12، 22؛ 5:18؛ 9:7

17-16:8 **«كۆڭلۈمنى دانالىقنى ۋە يەر يۈزىدە قىلىنغان ئىشلارنى بىلىپ يېتىش ئۈچۈن قويغاندا... ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنى بىلىپ يەتمەيدۇ»** ــ ئوقۇرمەنلەر بۇ ئىككى ئايەتنىڭ بىرنەچچە باشقا خىل تەرجىملىرىنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن.

بولۇشى مۇمكىن. 2 ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئىشلار ئوخشاش پېتى
كېلىدۇ؛ ھەققانىي ۋە رەزىل كىشىگە، مېھرىبان كىشىگە، پاك ۋە ناپاك،
قۇربانلىق قىلغۇچى ۋە قۇربانلىق قىلمىغۇچىغىمۇ ئوخشاش قىسمەت
بولىدۇ؛ ياخشى ئادەمگە قانداق بولسا، گۇناھكارغا شۇنداق بولىدۇ؛
قەسەم ئىچكۈچىگە ۋە قەسەم ئىچىشتىن قورققۇچىغىمۇ ئوخشاش
بولىدۇ. 3 مانا ھەممىگە ئوخشاشلا بۇ ئىشنىڭ كېلىدىغانلىقى قۇياش
ئاستىدىكى ئىشلار ئارىسىدا كۆلپەتلىك ئىشتۇر؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئىنسان بالىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى يامانلىققا تولغان، پۈتۈن ھاياتىدا
كۆڭلىدە تەلۋىلىك تۇرىدۇ؛ ئاندىن ئۇلار ئۆلگەنلەرگە قوشۇلىدۇ.
4 چۈنكى تىرىكلەرگە قوشۇلغان كىشى ئۈچۈن بولسا ئۈمىد بار؛
چۈنكى، تىرىك ئىت ئۆلگەن شىردىن ئەلا. 5 تىرىكلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ
ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ بىراق ئۆلگەنلەر بولسا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ؛
ئۇلارنىڭ ھېچ ئىنئامى يەنە بولمايدۇ؛ ئۇلار ھەتتا ئادەمنىڭ ئېسىدىن
كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، قايتا كەلمەيدۇ. 6 ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى، نەپرىتى
ۋە ھەسەتخورلۇقىمۇ ئاللىقاچان يوقالغان؛ قۇياش ئاستىدا قىلىنغان
ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئۇلارنىڭ مەڭگۈگە قايتا نېسىۋىسى يوقتۇر.

## ئۆلۈمگە يۈزلەنگەندە قىلغىلى بولىدىغان ئەمەلىي ئىشلار

7 بارغىن، نېنىڭنى خۇشاللىق بىلەن يەپ، شارابىڭنى خۇشخۇيلۇق
بىلەن ئىچكىن؛ چۈنكى خۇدا ئاللىقاچان مۇنداق قىلىشىڭدىن رازى
بولغان. 8 كىيىم-كېچەكلىرىڭ ھەردائىم ئاپئاق بولسۇن، خۇشبۇي ماي
بېشىڭدىن كەتمىسۇن.

---

1:9 **«... ئىنسان ئۆزىگە مۇھەببەت ياكى نەپرەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ھېچ بىلمەيدۇ»** — دېمەك، «خۇدا ئۇنى سۆيىدۇ ياكى ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىدۇ؟ ھېچ ئىنسان بىلمەيدۇ». بەزى ئالىملار: «ئىنسان ئۆزىدە (بولۇپمۇ ئېغىر كۈنلەر بېشىغا چۈشكەندە) نېمىنىڭ بولىدىغانلىقى، ياكى مۇھەببەت ياكى نەپرەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ» دەپ شەرھ بېرىدۇ.

2:9 زەب. 73:12-14

8:9 **«كىيىم-كېچەكلىرىڭ ھەردائىم ئاپئاق بولسۇن»** — دېمەك، كىيىم-كېچەكلىرىڭ ھەردائىم پاكىز بولسۇن.

[9]خۇدا ساڭا قۇياش ئاستىدا تەقسىم قىلغان بىمەنە ئۆمرۈڭنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە، يەنى بىمەنىلىكتە ئۆتكۈزگەن بارلىق كۈنلىرىڭدە، سۆيۈملۈك ئايالىڭ بىلەن بىللە ھاياتتىن ھۇزۇر ئالغىن؛ چۈنكى بۇ سېنىڭ ھاياتىڭدىكى نېسىۋەڭ ۋە قۇياش ئاستىدىكى بارلىق تارتقان جاپايىڭنىڭ ئەجرىدۇر. [10]قولۇڭ تۇتقانىنى بارلىق كۈچۈڭ بىلەن قىلغىن؛ چۈنكى سەن بارىدىغان تەھتىسارادا ھېچ خىزمەت، مەقسەت-پىلان، بىلىم ياكى ھېكمەت بولمايدۇ.

## دانالىق ۋە تاسادىپىيلىق

[11]مەن زېھنىمنى يىغىپ، قۇياش ئاستىدا كۆردۈمكى، مۇسابىقىدە غەلىبە يەلتاپانغا بولماس، يا جەڭدە غەلىبە پالۋانغا بولماس، يا نان دانا كىشىگە كەلمەس، يا بايلىقلار يورۇتۇلغانلارغا كەلمەس، يا ئىلتىپات بىلىملىكلەرگە بولماس ــ چۈنكى پەيت ۋە تاسادىپىيلىق ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كېلىدۇ. [12]بەرھەق، ئىنسانمۇ ئۆز ۋاقتى-سائىتىنى بىلمەيدۇ؛ بېلىقلار رەھىمسىز تورغا ئىلىنغاندەك، قۇشلار تاپان-تۇزاققا ئىلىنغاندەك، بۇلارغا ئوخشاش ئىنسان باللىرى يامان بىر كۈندە تۇزاققا ئىلىنىدۇ، تۇزاق بېشىغا چۈشىدۇ.

## دانالىقنىڭ ئەتىۋارلانماسلىقى

[13]مەن يەنە قۇياش ئاستىدا دانالىقنىڭ بۇ مىسالىنى كۆردۈم، ئۇ مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى؛ [14]كىچىك بىر شەھەر بار ئىدى؛ ئۇنىڭغا قارشى بۈيۈك بىر پادىشاھ چىقىپ، ئۇنى قورشاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان يوغان پوتەيلەرنى قۇردى. [15]بىراق شەھەردىن نامرات بىر دانا كىشى تېپىلىپ قالدى؛ ئۇ ئۇنى ئۆز دانالىقى بىلەن قۇتۇلدۇردى؛ بىراق كېيىن، ھېچكىم بۇ نامرات

كىشىنى ئىسسىگە كەلتۈرمىدى.
[16] شۇنىڭ بىلەن مەن: «دانالىق كۈچ-قۇدرەتتىن ئەۋزەل» ــ دېدىم؛
بىراق شۇ نامرات كىشىنىڭ دانالىقى كېيىن كۆزگە ئىلىنمايدۇ، ئۇنىڭ
سۆزلىرى ئاڭلانمايدۇ.

## دانالىق، ئەخمەقلىق، گۇناھ، تەلۋىلىك

[17] دانا كىشىنىڭ جىمجىتلىقتا ئېيتقان سۆزلىرى ئەخمەقلەر ئۈستىدىن
ھوقۇق سۈرگۈچىنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن ئېنىق ئاڭلىنار.
[18] دانالىق ئۇرۇش قوراللىرىدىن ئەۋزەلدۇر؛ بىراق بىر گۇناھكار زور
ياخشىلىقنى ھالاك قىلىدۇ.

## ئەقىل بېرىدىغان بەزى ھېكمەتلەر

10 [1] خۇددى ئۆلۈك چىۋىنلەر ئەتتارنىڭ ئەتىرىنى سېسىتىۋېتىدىغاندەك، ئازراقىنە ئەخمەقلىق تارازىدا
دانالىق ۋە ئىززەت-ھۆرمەتتىنمۇ ئېغىر توختايدۇ.
[2] دانالىقنىڭ كۆڭلى ئوڭغا مايىل، ئەخمەقنىڭكى سولغا.
[3] ئەخمەق كىشى ھەتتا يولدا مېڭىۋاتقاندىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلى كەم
بولغاچقا، ئۇ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ھەممىگە ئايان قىلىدۇ.

[4] ھۆكۈمدارنىڭ ساڭا ئاچچىقى كەلسە، ئورنۇڭدىن ئىستىپا بەرمە؛
چۈنكى تىنچ-سەۋرچانلىق خاتا-سەۋەنلىكتىن بولغان زور خاپىلىقنى
تىنچىتىدۇ.

---

15:9 «...دانا كىشى تېپىلىپ قالدى؛ ئۇ ئۇنى ئۆز دانالىقى بىلەن قۇتۇلدۇردى؛ ... كېيىن، ھېچكىم بۇ نامرات كىشىنى ئىسسىگە كەلتۈرمىدى» ــ ئىلىشا پەيغەمبەر بىلەن يەرەمىيا پەيغەمبەر بۇنىڭغا ئوبدان مىسال بولىدۇ («2پاد.» 6-8-بابلار، «يەر.» 12:27نى كۆرۈڭ.
16:9 پەند. 22:21؛ 5:24؛ توپ. 19:7
2:10 «دانالىقنىڭ كۆڭلى ئوڭغا مايىل» ــ قورالنى تۇتۇپ، ئۆزىنى قوغداش تەرىپىدۇر.

5 قۇياش ئاستىدا يامان بىر ئىشنى كۆردۈمكى، ئۇ ھۆكۈمداردىن چىققان
بىر خاتا ئىشتۇر ــ 6 ئەخمەقلەر يۇقىرى مەنسەپتە، شۇنىڭ بىلەن تەك
بايلار پەس ئورۇندا ئولتۇرىدۇ؛ 7 مەن قۇللارنىڭ ئاتقا مىنگەنلىكىنى،
ئەمىرلەرنىڭ قۇللاردەك پىيادە ماڭغانلىقىنى كۆردۈم.

## تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان خەتەرلەرگە دانالىق كېرەك

8 ئورىنى كولىغان كىشى ئۇنىڭغا يىقىلىشى مۇمكىن؛ تامنى بۇزغان
كىشىنى يىلان چېقىشى مۇمكىن؛ 9 تاشلارنى يۆتكىگەن كىشى تاش
تەرىپىدىن يارىلىنىشى مۇمكىن؛ ئوتۇن ياردىغان كىشى خەۋپكە
ئۇچرايدۇ.
10 پالتا گال بولسا، بىرسى تىغىنى بىلىمىسە، پالتىنى كۈچەپ چېپىشقا
توغرا كېلىدۇ؛ بىراق دانالىق ئادەمنى ئۇتۇق-مۇۋەپپەقىيەتكە
ئېرىشتۈرىدۇ.
11 يىلان ئوينىتىلماي تۇرۇپ، يىلانچىنى چاقسا، يىلانچىغا نېمە پايدا؟

## دانىشمەنلەر ۋە ئەخمەقلەرنىڭ ئىش-سۆزلىرى

12 دانا كىشىنىڭ سۆزلىرى شەپقەتلىكتۇر؛ بىراق ئەخمەقنىڭ
لەۋلىرى ئۆزىنى يۇتىدۇ. 13 سۆزلىرىنىڭ بېشى ئەخمەقلىق، ئايىغى
رەزىل تەلۋىلىكتۇر؛ 14 ئەمما ئەخمەق يەنىلا گەپنى كۆپەيتىدۇ. بىراق
ھېچكىم كەلگۈسىنى بىلمەيدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى كىم
ئۇنىڭغا ئېيتالىسۇن؟

---

6:10 **«ئەخمەقلەر»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئەخمەقلىق» دەپ ئېلىنغان.

7:10 **«مەن قۇللارنىڭ ئاتقا مىنگەنلىكىنى... كۆردۈم»** ــ پەلەستىندە كونا زامانلاردا ئاتقا مىنىش پەقەت ئابرويلۇق كىشىلەرگىلا مەنسۇپ ئىدى.

8:10 **«تامنى بۇزغان كىشى...»** ــ ياكى «چىتنى بۇزغان كىشى...».

**8:10** پەند. 27:26

11:10 **«يىلانچى»** ــ نەي چېلىپ يىلاننى ئويناتقۇچى ئادەم. **«يىلانچىنى چاقسا،..»** ــ ياكى «خەقنى چاقسا...».

[15] ئەخمەقلەر جاپاسى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇپرىتىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ھەتتا
شەھەرگە بارىدىغان يولنىمۇ بىلمەيدۇ.

## ئەخمەق ھۆكۈمدارلارنىڭ چاتاقلىرى

[16] ئى زېمىن، پادىشاھىڭ بالا بولسا، ئەمىرلىرىڭ سەھەردە زىياپەت
ئۆتكۈزسە، ھالىڭغا ۋاي!
[17] ئى زېمىن، پادىشاھىڭ مۆتىۋەرنىڭ ئوغلى بولسا ۋە ئەمىرلىرىڭ
كەيپ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن مۇۋاپىق
ۋاقتىدا زىياپەت ئۆتكۈزسە، بۇ سېنىڭ بەختىڭ!

## يەنە ھېكمەتلەر

[18] ھورۇنلۇقتىن ئۆيىنىڭ تورۇسى غۇلاي دەپ قالىدۇ؛ قوللارنىڭ
بوشلۇقىدىن ئۆيدىن يامغۇر ئۆتىدۇ.
[19] زىياپەت كۈلكە ئۈچۈن تەييارلىنار، شاراب ھاياتنى خۇش قىلار؛ لېكىن
پۇل ھەممە ئىشنى ھەل قىلار!
[20] پادىشاھقا لەنەت قىلما، ھەتتا ئويۇڭدىمۇ تىللىما؛ ھۇجراڭدىمۇ
بايلارنى تىللىما؛ چۈنكى ئاسماندىكى بىر قۇش ئاۋازىڭنى تارتىدۇ،
بىر قانات ئىگىسى بۇ ئىشنى ئايان قىلىدۇ.

---

**16:10** يەش. 3:3، 4؛ ھوش. 11:13؛ ئام. 4:6

**17:10** «**...ئۆزىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن مۇۋاپىق ۋاقتىدا زىياپەت ئۆتكۈزسە،...**» — ياكى، «...ئۆزىنى تويۇپ مۇۋاپىق ۋاقتىدا زىياپەت ئۆتكۈزسە،...». «**... ۋە ئەمىرلىرىڭ كەيپ ئۈچۈن ئەمەس... زىياپەت ئۆتكۈزسە، بۇ سېنىڭ بەختىڭ!**» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... ۋە ئەمىرلىرىڭ مەست بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سالماقلىق بىلەن ئۆز ۋاقتىدا زىياپەت ئۆتكۈزسە، بۇ سېنىڭ بەختىڭ!».

**20:10** مىس. 28:22

## بىرنەچچە ئەمەلىي نەسىھەت

11 [1] نانلىرىڭنى سۇلارغا ئەۋەت؛ كۆپ كۈنلەردىن كېيىن ئۇنى
قايتىدىن تاپىسەن.
[2] بىر ئۈلۈشنى يەتتە كىشىگە، سەككىزىگىمۇ بەرگىن؛ چۈنكى يەر
يۈزىدە نېمە يامانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن.
[3] بۇلۇتلار يامغۇرغا تولغان بولسا، ئۆزلىرىنى زېمىن ئۈستىگە بوشىتىدۇ؛
دەرەخ شىمال تەرەپكە ئۆرۈلسە، ياكى جەنۇب تەرەپكە ئۆرۈلسە، قايسى
تەرەپكە چۈشكەن بولسا، شۇ يەردە قالىدۇ.
[4] شامالنى كۆزىتىدىغانلار تېرىقچىلىق قىلمايدۇ؛ بۇلۇتلارغا
قارايدىغانلار ئورما ئورمايدۇ.
[5] سەن شامالنىڭ يولىنى بىلمىگىنىڭدەك ياكى بويىدا
بارنىڭ ھامىلىسىنىڭ ئۈستىخانلىرىنىڭ بالىياتقۇدا قانداق
ئۆسىدىغانلىقىنى بىلمىگىنىڭدەك، سەن ھەممىنى ياسىغۇچى
خۇدانىڭ قىلغىنىنى بىلمەيسەن.
[6] سەھەردە ئۇرۇقۇڭنى تېرىغىن، كەچتىمۇ قولۇڭنى ئىشتىن قالدۇرما؛
چۈنكى نېمە ئىشنىڭ، ئۇ ياكى بۇ ئىشنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى
ۋە ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ ئوخشاشلا ياخشى بولىدىغانلىقىنى
بىلمەيسەن.

1:11 **«نانلىرىڭنى سۇلارغا ئەۋەت... ئۇنى قايتىدىن تاپىسەن»** ــ بۇ ئايەت بەلكىم دېڭىز سودىسىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ تەۋەككۇلچىلىك قانچە چوڭ بولسا، پايدىسىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ؛ گەپنىڭ يەنە ھەرخىل كۆچمە مەنىلىرى بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «نېنىڭنى سۇلار (دېڭىزلار) ئۈستىگە تاشلا».

2:11 **«بىر ئۈلۈشنى يەتتە كىشىگە، سەككىزىگىمۇ بەرگىن؛ چۈنكى يەر يۈزىدە نېمە يامانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن»** ــ بەزى ئالىملار، بۇ ئايەتمۇ سودا-تىجارەتنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىرنەچچە كۆچمە مەنىلىرىمۇ بولسا كېرەك.

**2:11** 2كور. 10:9

5:11 **«شامالنىڭ يولى...»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «شامال» ۋە «روھ» بىر سۆز بولۇپ، سۇلايمان مۇشۇ ئايەتتە ھامىلىنىڭ بالىياتقۇدا ئاپىرىدە بولىدىغانلىقى، ئۆسىدىغانلىقىنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى پۇرىتىپ كۆرسىتىدۇ (ئىنجىل، «يۇھ.» 3:1-8نىمۇ كۆرۈڭ).

**5:11** يۇھ. 8:3

## ھايات كۈنلىرىنى ئەتىۋارلاش كېرەك، ئىخلاسمەن بولۇشى كېرەك!

[7] نۇر شېرىن بولىدۇ، ئاپتاپنى كۆرۈشمۇ ھۇزۇرلۇق ئىشتۇر. [8] شۇڭا
بىرسى كۆپ يىل ياشىغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ھۇزۇر
ئالسۇن. ھالبۇكى، ئۇ يەنە قاراڭغۇلۇق كۈنلىرىنى ئېسىدە تۇتسۇن،
چۈنكى ئۇلار كۆپ بولىدۇ؛ كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى
بىمەنىلىكتۇر!

[9] ياشلىقىڭدىن ھۇزۇر ئال، ئى يىگىت؛ ياشلىقىڭ كۈنلىرىدە كۆڭلۈڭ
ئۆزۈڭگە خۇشاللىقنى يەتكۈزگەي؛ كۆڭلۈڭ خالىغىنى بويىچە ۋە
كۆزلىرىڭ كۆرگىنى بويىچە يۈرگىن؛ بىراق شۇنى بىلگىنكى، بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۈچۈن خۇدا سېنى سوراققا تارتىدۇ. [10] ئەمدى كۆڭلۈڭدىن
غەشلىكنى ئېلىپ تاشلا، تېنىڭدىن يامانلىقنى نېرى قىل؛ چۈنكى
باللىق ۋە ياشلىقمۇ بىمەنىلىكتۇر.

## سۆزنىڭ داۋامى

12 [1] ئەمدى يامان كۈنلەر بېشىڭغا چۈشمىگۈچە، شۇنداقلا سەن:
«بۇلاردىن ھېچ ھۇزۇرۇم يوقتۇر» دېگەن يىللار يېقىنلاشمىغۇچە
ياشلىقىڭدا يارىتقۇچىڭنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت؛ [2] قۇياش، يورۇقلۇق،
ئاي ۋە يۇلتۇزلار قاراڭغۇلىشىپ، يامغۇردىن كېيىن بۇلۇتلار قايتىپ
كەلمىگۈچە ئۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن. [3] شۇ كۈنى «ئۆيىنىڭ كۆزەتچىلىرى»
تىترەپ كېتىدۇ؛ پالۋانلار ئېگىلىدۇ، ئەزگۈچىلەر ئازلىقىدىن توختاپ
قالىدۇ، دېرىزىلەردىن سىرتقا قاراپ تۇرغۇچىلار غۇۋالىشىپ كېتىدۇ؛

---

1:12 **«يارىتقۇچىڭ»** — ئىبرانىي تىلدا «يارىتقۇچىڭلار».

2:12 **«يامغۇردىن كېيىن بۇلۇتلار قايتىپ كەلمىگۈچە»** — ياكى «يامغۇردىن كېيىن بۇلۇتلار يوقىمىغۇچە».

4 كوچىغا قارايدىغان ئىشىكلەر ئېتىلىدۇ؛ تۈگمەننىڭ ئاۋازى
پەسىيىدۇ، كىشىلەر قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا چۆچۈپ كېتىدۇ،
«ناخشىچى قىزلار»نىڭ سايراشلىرى سۇس ئاڭلىنىدۇ؛ 5 كىشىلەر
ئېگىزدىن قورقىدۇ، كوچىلاردا ۋەھىمىلەر بار دەپ قورقۇپ يۈرىدۇ؛
بادام دەرىخى چېچەكلەيدۇ؛ چېكەتكە ئادەمگە يۈك بولىدۇ، شىندىر
مېۋىسى سولىشىدۇ؛ چۈنكى ئىنسان مەڭگۈلۈك ماكانىغا كېتىدۇ
ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ماتەم تۇتقۇچىلار كوچىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ؛
6 كۈمۈش تانا ئۈزۈلگۈچە، ئالتۇن چىنە چېقىلغۇچە، ئاپتۇۋا بۇلاق
يېنىدا پارە-پارە بولغۇچە، قۇدۇقتىكى چاق كاردىن چىققۇچە، 7 توپا-
چاڭ ئەسلى تۇپراققا قايتقۇچە، روھ ئۆزىنى بەرگەن خۇداغا قايتقۇچە —
ئۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن!
8 «بىمەنىلىك ئۈستىگە بىمەنىلىك!» — دەيدۇ هېكمەت توپلىغۇچى —
«بىمەنىلىك ئۈستىگە بىمەنىلىك! هەممە ئىش بىمەنىلىكتۇر!»

## خۇلاسە

9 شۇنىڭدەك، هېكمەت توپلىغۇچى دانا بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە
خەلققە بىلىم ئۆگەتتى؛ ئۇ ئويلىنىپ، كۆپ پەند-نەسىھەتلەرنى

3:12 **«ئۆيىنىڭ كۆزەتچىلىرى»** — ئادەمنىڭ قاپاقلىرىنى، «پالۋانلار» — ئادەمنىڭ مۆرىلىرىنى،
«ئەزگۈچىلەر» — چىشلارنى، «دېرىزىلەردىن قارىغۇچىلار» — كۆزلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.
كېيىنكى ئايەتلەردىكى بىر قاتار ئوخشىتىشلارمۇ قېرىلىقنى كۆرسىتىدۇ.
4:12 **«ناخشىچى قىزلار»** — قۇشلارنى كۆرسىتىش ئېھتىماللىقى بار.
5:12 **«چېكەتكە ئادەمگە يۈك بولىدۇ»** — ياكى «چېكەتكە ئۆزىنى سۆرەپ ماڭىدۇ».
**«شىندىر مېۋىسى»** — مۇھەببەتنى قوزغايدىغان مېۋە ئىدى. ئۇنىڭ «سولىشىپ كەتكەنلىكى»
بەلكىم جىنسىي مۇھەببەتنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.
6:12 **«قۇدۇقتىكى چاق»** — قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىدىغان چاقنى كۆرسەتسە كېرەك.
—«كۈمۈش تانا (رشته)»، «ئالتۇن چىنە»، «ئاپتۇۋا» ۋە «چاق»لارنىڭ تەننىڭ قايسى ئەزا-
فۇنكسىيىلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى بۇنىڭدا ئېنىق دېيىلمىگەن؛ بىراق ئومۇمىي مەنىسى ئېنىقتۇر
— بەدەننىڭ ھەربىر گۈزەللىك-قابىلىيىتى زاۋالغا يۈزلىنىدۇ.
**7:12** يار. 7:2؛ 19:3؛ چۆل. 22:16
**8:12** زەب. 9:62؛ 4:144؛ توپ. 2:1

تارازىغا سېلىپ، رەتلەپ چىقتى. [10] ھېكمەت توپلىغۇچى يېقىملىق سۆزلەرنى تېپىشقا ئىنتىلگەن؛ ئۇشبۇ يېزىلغىنى بولسا دۇرۇس، ھەقىقەت سۆزلىرىدىن ئىبارەتتۇر. [11] دانا كىشىنىڭ سۆزلىرى زىخقا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ يىغىندىسى چىڭ بېكىتىلگەن مىختەكتۇر. ئۇلار بىرلا پادىچى تەرىپىدىن بېرىلگەندۇر. [12] ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئى ئوغلۇم، بۇلاردىن سىرت ھەرقانداق يېزىلغانلاردىن پەخەس بول؛ چۈنكى كۆپ كىتابلارنىڭ يېزىلىشىنىڭ ئايىغى يوق، شۇنىڭدەك كۆپ ئۆگىنىش تەننى ئۇپرىتىدۇ.

## ئاخىرقى دەۋەت

[13] بىز پۈتۈن ئىشقا دىققەت قىلايلى؛ خۇدادىن قورقىن ۋە ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلغىن؛ چۈنكى بۇ ئىنساننىڭ تولۇق مەجبۇرىيىتىدۇر؛ [14] چۈنكى ئادەم قىلغان ھەربىر ئىش، جۈملىدىن بارلىق مەخپىي ئىشلار، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، خۇدا ئۇلارنىڭ سورىقىنى قىلىدۇ.

---

**9:12** 1پاد. 26:5

**12:12** **«...ئى ئوغلۇم، بۇلاردىن سىرت ھەرقانداق يېزىلغانلاردىن پەخەس بول»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... ئى ئوغلۇم، بۇلاردىن ئاگاھ-ساۋاق ئالغىن». بىراق بىزنىڭچە بۇ ئايەتتە سۇلايمان «بىرلا پادىچى (دېمەك، خۇدادىن) تەرىپىدىن بېرىلگەن» بارلىق مۇقەددەس يازمىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**13:12** **«بىز پۈتۈن ئىشقا دىققەت قىلايلى»** — ياكى «بىز پۈتۈن ئىشنى ئاڭلىدۇق». **«بۇ ئىنساننىڭ تولۇق مەجبۇرىيىتىدۇر»** — ئىبرانىي تىلىدا: «بۇ ئىنساننىڭ بارلىقىدۇر» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ تولۇق مەنىسى بەلكىم: «خۇدادىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىل» — بۇ خۇدانىڭ ئىنساندا بولغان مەقسىتىدۇر، دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن.

**13:12** قان. 2:6؛ 12:10؛ پەند. 7:3

**14:12** 1كور. 5:4؛ 2كور. 10:5

# قوشۇمچە سۆز

## سۇلايماننىڭ «ئەخلاقىي چۆشكۈنلۈك»ى

مەزكۇر كىتابنىڭ گۇۋاھلىقى بويىچە (8:2) سۇلايمان ئۇ كىتابنى يازغان چاغدا كۆپ ئايال-كېنىزەكلەرنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانىدى. ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنى تەۋراتتىكى «قانۇن شەرھى» 17-بابتا پادىشاھلار توغرۇلۇق پۈتۈلگەن پەرمانلارغا مۇتلەق خىلاپ ئىدى. بىز مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرىمىز: ــ

«سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا تەقدىم قىلىدىغان زېمىنغا كىرىپ ئۇنى ئىگىلىگەندە،شۇنداقلائۇنىڭداتۇرغاندا:«مەن ئەتراپىمدىكى ئەللەرنىڭكىدەك ئۆزۈمگە بىر پادىشاھ تىكلىمەكچىمەن» دېسەڭ، شۇ چاغدا سەن ئۆزۈڭگە پەقەت پەرۋەردىگار خۇدايىڭ تاللايدىغىنىنى تىكلەيسەن؛ ئۇستۈڭگە قېرىنداش بولمىغان چەتئەللىكنى بېكىتمەسلىكىڭ كېرەك. پادىشاھ بولسا ئۆزى ئۈچۈن ئاتلارنى كۆپەيتمەسلىكى ياكى ئاتلارنى كۆپەيتىمەن دەپ خەلقنى مىسىرغا قايتۇرماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرگە: «سىلەر شۇ يول بىلەن ھەرگىز قايتماسلىقىڭلار كېرەك» دېگەنىدى.

پادىشاھ كۆپ ئاياللارنى ئۆز ئەمرىگە ئالماسلىقى كېرەك؛ بولمىسا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېزىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈشنى كۆپەيتمەسلىكى كېرەك.

پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىدا ئۇ ئۆزى ئۈچۈن لاۋىي كاھىنلارنىڭ ئالدىدا مۇشۇ قانۇننى بىر دەپتەرگە كۆچۈرۈپ پۈتۈشى كېرەك. شۇ دەپتەر ئۇنىڭ يېنىدا دائىم بولۇشى ۋە ئۇنى ئۆمرىنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە ئوقۇشى كېرەك؛ شۇنداق قىلسا ئۇ پەرۋەردىگار خۇداسىدىن قورقۇپ، مۇشۇ قانۇننىڭ سۆزلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تۇتۇپ ئۇلارغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆڭلى قېرىنداشلىرى ئالدىدا ھاكاۋۇرلىشىپ كەتمەيدۇ، بۇ ئەمرلەردىن ئوڭ يا سولغا چەتنەپ كەتمەيدۇ ۋە شۇنىڭدەك ئىسرائىل ئارىسىدا ئۇنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ پادىشاھلىق كۈنلىرى كۆپ بولىدۇ».

بىز بۇ ئاجايىب ئەمرلەرنى تەۋراتتىكى «1پاد.» 10-11-بابلاردا خاتىرىلەنگەن سۇلايماننىڭ ھاياتىدىكى بەزى تەرەپلىرى بىلەن سېلىشتۇرساقمۇ بولىدۇ. ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىپ يۇقىرىدىكى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرغايسىلەر.

«سۇلايمانغا ھەر يىلى كەلتۈرۈلگەن ئالتۇننىڭ ئۆزى 666 تالانت (22 توننا) ئىدى...

سۇلايمان پادىشاھ 200 چوڭ سىپارنى سوقتۇردى ۋە ھەر سىپارغا 600 شەكەل ئالتۇن كەتتى؛ شۇنداقلا 300 قالقاننى ياپىلاقلانغان ئالتۇندىن ياسىدى؛ ھەربىر قالقاننى ياساشقا ئۈچ مىنا ئالتۇن ئىشلىتىلدى؛ پادىشاھ ئۇلارنى «لىۋان ئورمىنى سارىيى»غا ئېسىپ قويدى.

پادىشاھ پىل چىشلىرىدىن چوڭ بىر تەختنى ياساپ، ئۇنى تاۋلانغان ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى...

سۇلايمان پادىشاھنىڭ بارلىق جام-پىيالىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان؛ «لىۋان ئورمىنى سارايى»دىكى بارلىق قاچا-قۇچىلار تاۋلانغان ئالتۇندىن ياسالغان؛ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۈمۈشتىن ياسالمىغان؛ سۇلايماننىڭ كۈنلىرىدە كۈمۈش ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. چۈنكى پادىشاھقا قاراشلىق دېڭىزدا يۈرىدىغان، ھىرامنىڭ كېمىلىرىگە قوشۇلۇپ «تارشىش كېمە» ئەترىتىمۇ بار ئىدى؛ «تارشىش كېمە» ئەترىتى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كېلىپ ئالتۇن-كۈمۈش، پىل چىشلىرى، مايمۇنلار ۋە توزلارنى ئەكېلەتتى.

سۇلايمان پادىشاھ يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلاردىن بايلىقتا ۋە دانالىقتا ئۈستۈن ئىدى. خۇدا سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە سالغان دانالىقنى ئاڭلاش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكىلەر ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش ئارزۇسى بىلەن كېلەتتى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز سوۋغىتىنى ئېلىپ كېلەتتى؛ ئۇلار كۈمۈش قاچا-قۇچىلار، ئالتۇن قاچا-قۇچىلار، كىيىم-كېچەكلەر، دۇبۇلغا-ساۋۇتلار، تېتىتقۇلار، ئاتلار ۋە قېچىرلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلار ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا شۇنداق قىلاتتى.

ۋە سۇلايمان جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يىغدى؛ ئۇنىڭ 1400 جەڭ ھارۋىسى، 12000 ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىدى؛ ئۇ ئۇلارنى

«جەڭ ھارۋىسى شەھەرلىرى»گە ۋە ئۆزى تۇرىدىغان يېرۇسالېمغا ئورۇنلاشتۇردى.

پادىشاھ يېرۇسالېمدا كۈمۈشنى تاشتەك كۆپ قىلدى...

سۇلايمان ئالغان ئاتلار مىسىردىن ۋە كۇۋەدىن ئىدى؛ پادىشاھنىڭ تىجارەتچىلىرى ئۇلارنى كۇۋەدىن بېكىتىلگەن باھادا ئالاتتى. مىسىردىن ئېلىپ كەلگەن بىر جەڭ ھارۋىسىنىڭ باھاسى 600 كۈمۈش تەڭگە، ھەر ئات بولسا 150 تەڭگە ئىدى؛ ۋە ئۇلار يەنە ھىتتىيلارنىڭ پادىشاھلىرى ھەم سۇرىيە پادىشاھلىرى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش باھادا ئېلىپ چىقتى....

(تۆۋەندىكى ئايەتلەردە خاتىرىلەنگەن ھەممە ئىشلار «قانۇن شەرھى»دىكى ئەمرلەرگە خىلاپ)

(11-باب) «لېكىن سۇلايمان پادىشاھنىڭ كۆڭلى پىرەۋننىڭ قىزىدىن باشقا كۆپ چەتئەللىك ئاياللارغا، جۈملىدىن موئابىي، ئاممونىي، ئېدومىي، زىدونىي، ھىتتىي ئاياللىرىغا چۈشكەنىدى. پەرۋەردىگار ئەسلىدە مۇشۇ ئەللەر توغرۇلۇق ئىسرائىللارغا: «ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئېزدەپ بارماڭلار، ۋە ئۇلارنى سىلەرنىڭكىلەرگە كىرگۈزمەڭلار؛ چۈنكى ئۇلار چوقۇم كۆڭۈللىرىڭلارنى ئۆز مەبۇدلىرىغا ئازدۇرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. بىراق سۇلايماننىڭ كۆڭلى دەل شۇلارغا باغلاندى. ئۇنىڭ يەتتە يۈز ئايالى، يەنى خانىشى ۋە ئۈچ يۈز كېنىزىكى بار ئىدى؛ ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئازدۇرۇپ بۇرىۋەتكەنىدى.

شۇنداق بولدىكى، سۇلايمان ياشانغاندا، ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى باشقا ئىلاھلارغا ئازدۇرۇپ بۇرىۋەتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاتىسى داۋۇتنىڭكىدەك پەرۋەردىگار خۇداسىغا مۇتلەق سادىق بولمىدى.

شۇڭا سۇلايمان زىدونىيلارنىڭ مەبۇدى ئاشتاروتنى، ئاممونىيلارنىڭ يىرگىنچلىك مەبۇدى مىلكومنى ئىزدىدى؛ شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىللىك قىلدى؛ ئۇ ئاتىسى داۋۇتتەك پەرۋەردىگارغا ئىزچىللىق بىلەن ئەگەشمىدى.

ئاندىن سۇلايمان يېرۇسالېم ئالدىدىكى ئېدىرلىقتا موئابىيلارنىڭ يىرگىنچلىك مەبۇدى كېموش ھەم ئاممونىيلارنىڭ يىرگىنچلىك مەبۇدى مىلكوم ئۈچۈن بىر «يۇقىرى جاي»نى ياسىدى؛ شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ مەبۇدلىرىغا خۇشبۇي ياقىدىغان ۋە قۇربانلىق قىلىدىغان ھەربىر يات ئەللىك ئايالى ئۈچۈنمۇ ئۇ شۇنداق قىلدى. شۇڭا پەرۋەردىگار سۇلايماندىن رەنجىدى؛ گەرچە ئۇ ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ۋە ئۇنىڭغا دەل مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق، يەنى باشقا ئىلاھلارنى ئىزدىمەسلىكنى تاپىلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگاردىن ئايىنىپ كەتتى؛ ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ تاپىلىغىنىغا ئەمەل قىلمىدى...».

سۇلايماننىڭ بۇ «تېيىلىپ كېتىشى» ئادەمنى ھەقىقىي ئەجەبلەندۈرىدىغان بىر ھادىسە ۋە ھەممىمىز ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق-ئاگاھ ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تەۋراتتىكى «پەند-نەسىھەتلەر» (مۇئەللىپى سۇلايمان، ئەلۋەتتە) دېگەن ئۇلۇغ يازمىسىدا بىزگە دەل «پەرۋەردىگاردىن قورقۇش دانالىقنىڭ باشلىنىشىدۇر» دەپ ئېيتقان كىشى ئۆزى پەرۋەردىگاردىن قورقۇشتىن تەزدى. بۇ ئىش ھەممىمىزگە يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ «قەلب ھەممىدىن ئالدامچى ۋە ئۇنىڭ داۋاسى يوقتۇر. كىممۇ ئۇنى چۈشىنەلىسۇن؟!» دېگەن ئۆتكۈر سۆزلىرىنى قايتىدىن ئەسلىتىدۇ. يەر يۈزىدىكى ئەڭ دانا كىشى خۇدادىن قورقۇشتىن تەزگەن بولسا، ئۇ شۇ ھامان ئېنىق كۆزقاراشلىرىدىن ھەمدە خۇدانىڭ ۋەھيىلىرىگە بولغان چۈشىنىشلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ، دەپ قارايمىز. ئۇنىڭغا ئەسلى ناھايىتى ئېنىق بولغان ئىشلار ئەمدى مۇجمەل ۋە خىرە كۆرۈنىدۇ؛ ئەسلى ئۇنى ئۈزلۈكسىز شاد-خۇرام قىلىدىغان ۋەھيىلەر ئەمدى ئۇنىڭغا چۈشىنىكسىز بولىدۇ. دەرۋەقە ئادەم خۇدانىڭ يېنىدىن ئېزىپ كەتسە، ئەخمىقانىلىك كاللىسىغا كىرىشكە باشلايدۇ، دېگەن پرىنسىپ بار. سۇلايمان مەزكۇر كىتابنى تېيىلىپ كەتكەننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يازغان دەپ قارايمىز؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ تېيىلىپ كېتىشىدە ئەڭ ئەجەللىك ئامىل ئۇنىڭ بۇتلارغا چوقۇنغان يات ئاياللارغا ۋە كېنىزەكلەرگە باغلىنىشىدىن ئىبارەت دەپ ئىشىنىمىز (8:2 ۋە 7:25-28نى كۆرۈڭ). سۇلايمان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈككە

چوڭقۇر پىتىپ كەتكەن كۆڭۈللىرىدە بولسا، ئادەملەرنى خۇدادىن قورقۇشقا دەۋەت قىلىدىغان بۇنداق كىتابنى يازالمىغان بولاتتى.

ھەممىمىزنى سۇلايماننىڭكىدەك چۈشكۈنلۈكتىن ساقلايدىغان ئاددىي بىر تەدبىر – ھەركۈنى خۇدانىڭ سۆزىنى، يەنى مۇقەددەس كىتابتىن بىر قىسمىنى (ئۆز تىلىدا، ئەلۋەتتە) ئوقۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئازراق ئويلىنىش (يۇقىرىدا، «قان.» 19:17نى كۆرۈڭ).

«ھېكمەت توپلىغۇچى» دېگەن كىتابنىڭ ساماۋىي ۋەھىيلىرىگە ۋە ئۇنىڭدىكى ئەبەدىلىئەبەدگە باغلىق تەلىملەردىن ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، «قۇياش ئاستىدا» «ئىنسانىنىڭ ھايات كۆڭلىدە» بولغان ئىشلىرىغا ئاساسەن يېزىلغانلىقىنىڭ ھېيران قالارلىقى يوق. بىراق تەكرارلايمىزكى، كىتاب بىزگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە يېزىلغان، شۇڭلاشقا كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەھىيلىرى بىلەن بىللە مۇقەددەس كىتابنىڭ يازمىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن، دەپ ئىشىنىمىز (بۇ ھەقتە، سۇلايماننىڭ مۇھەببەت توغرۇلۇق يازغان «كۈيلەرنىڭ كۈيى» دېگەن كىتاب توغرىسىدىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ).

كىتابتىكى بەزى بايانلار ۋە «يېرىم سوئاللار»نى («كىم بىلىدۇ...؟» دېگەندەك سوئاللار) تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسىملىرىدا ياكى ئىنجىل قىسىملىرىدا تېپىلغان جاۋابلار بىلەن يانداش قىلىپ سېلىشتۇرۇشىمىز پايدىلىق بولىدۇ. بىز شۇنى يەنە ئېيتىمىزكى، بۇ بايانلارنىڭ بەزى جاۋابلىرى مۇقەددەس كىتابنىڭ باشقا يەرلىرىدىن تەمىنلەنسۇن دەپ قەستەن قىلىنغاندى، دەپ قارايمىز.

مىساللارنىڭ كۆپىنچىسىدە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇشى ئۈچۈن، «ھېكمەت توپلىغۇچى»دىكى ئايەتلەرنى باشقا ئايەتلەرگە تۆۋەندىكىدەك يانداش قىلىمىز: –

(1) «توپ.» 3:1 «بىر دەۋر ئۆتىدۇ، يەنە بىر دەۋر كېلىدۇ؛ بىراق يەر-زېمىن مەڭگۈگە داۋام قىلىدۇ».

ئىنجىل، «ۋەھ.» 11:20 «ئۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ بىر ئاق تەخت ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرغۇچىنى كۆردۈم. ئاسمان بىلەن زېمىن ئۇنىڭ يۈزىدىن قېچىپ،... غايىب بولدى».

«ۋەھ.» 1:21 «ئاندىن، يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىننى كۆردۈم، چۈنكى بۇرۇنقى ئاسمان ۋە زېمىن غايىب بولغانىدى».

(2) «توپ.» 7:1، 8 «بارلىق دەريالار دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ، بىراق دېڭىز تولمايدۇ؛
دەريالار قايسى جايغا ئاقىدىغان بولسا،
ئۇلار يەنە شۇ يەرگە قايتىدۇ.
بارلىق ئىشلار جاپاغا تولغاندۇر؛
ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكۈچى ئادەم يوقتۇر؛
كۆز كۆرۈشتىن،
قۇلاق ئاڭلاشتىن ھەرگىز تويمايدۇ».

بۇ ئايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ دۇنيادا ياكى ئۇ دۇنيادىمۇ ھېچقانداق ھەقىقىي، دائىملىق شادلىق يوقتۇر. لېكىن: –

داۋۇت «زەبۇر» 11:16دە: «سەن ماڭا ھايات يولىنى كۆرسىتىسەن؛
ھۇزۇرۇڭدا تولۇپ تاشقان شاد-خۇراملىق باردۇر؛
ئوڭ قولۇڭدا مەڭگۈلۈك بەھرە-لەززەتلەرمۇ باردۇر» دەيدۇ.

ئىنجىل «يۇھ.» 11:15، 22:16: «مېنىڭ خۇشاللىقىم سىلەردە بولسۇن ۋە شۇنىڭدەك خۇشاللىقىڭلار تولۇپ تاشسۇن دەپ، مەن بۇلارنى سىلەرگە ئېيتتىم... مەن سىلەر بىلەن قايتا كۆرۈشىمەن، قەلبىڭلار شادلىنىدۇ ۋە شادلىقىڭلارنى ھېچكىم سىلەردىن تارتىۋالالمايدۇ».
«يەش.» 4:64 ۋە ئۇخشاشلا ئىنجىل، «1كور.» 9:2 «ئۆزىنى سۆيگەنلەرگە خۇدانىڭ تەييارلىغانلىرى –
دەل ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن،
ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىمىغان،
ھېچقانداق كۆڭۈل ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەردۇر».

(3) «توپ.» 9:1، 10 «بولغان ئىشلار يەنە بولىدىغان ئىشلاردۇر؛
قىلغان ئىشلار يەنە قىلىنىدۇ؛
قۇياش ئاستىدا ھېچقانداق يېڭىلىق يوقتۇر.
«مانا، بۇ يېڭى ئىش» دېگىلى بولىدىغان ئىش بارمۇ؟
ئۇ بەربىر بىزدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئاللىقاچان بولغاندۇر».
«يەش.» 19:43 «چۈنكى مانا مەن يېڭى بىر ئىش قىلىمەن؛
ئۇ ھازىرلا بارلىققا كېلىدۇ؛
سىلەر ئۇنى كۆرمەي قالامسىلەر؟!
مەن ھەتتا دالالاردىمۇ يول ئاچىمەن،
چۆل-باياۋاندا دەريالارنى بارلىققا كەلتۈرىمەن!»
«يەر.» 22:31 «پەرۋەردىگار يەر يۈزىدە يېڭى بىر ئىش يارىتىدۇ؛ ئايال كىشى باتۇرنىڭ ئەتراپىدا يېپىشىپ خەۋەر ئالىدۇ» (بەلكىم مەسىھنىڭ پاك قىز مەريەمدە ھامىلە بولۇشى توغرىسىدىكى بېشارەت بولۇشى مۇمكىن).
ئىنجىل، «2كور.» 17:5 «شۇنىڭ بىلەن بىرسى مەسىھدە بولسا، ئۇ يېڭى بىر يارىتىلغۇچىدۇر! كونا ئىشلار ئۆتۈپ، مانا، ھەممە ئىش يېڭى بولدى!».

(4) «توپ.» 11:1 «بۇرۇنقى ئىشلار ھازىر ھېچ ئەسلەنمەيدۇ؛
ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارمۇ ئۇلاردىن كېيىن ياشايدىغانلارنىڭ ئېسىگە ھېچ كەلمەيدۇ».
ئىنجىل، «2كور.» 1:5 «چۈنكى بۇ زېمىنغا تەۋە ئۆيىمىز، يەنى بۇ چېدىرىمىز بولغان تەن يوقىتىلسا، خۇدا تەرىپىدىن بولغان، ئىنسان قولى بىلەن ياسالمىغان بىر ئۆي، يەنى ئاسمانلاردا ئەبەدىي بىر ماكانىمىز باردۇر دەپ بىلىمىز».
«2كور.» 10:5 ـ «چۈنكى تەندە قىلغان ئەمەللىرىمىزنى، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن، ھەربىرىمىزگە (ئىشەنگۈچىلەرگە) قايتۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەسىھنىڭ سوراق تەختى ئالدىدا (كەلگۈسىدە) ھازىر بولۇشىمىز لازىم».

(5) «توپ.» 15:1 «ئەگرىنى تۈز قىلغىلى بولماس؛
كەمنى تولۇق دەپ سانىغىلى بولماس».
«يەش.» 4:40 «بارلىق جىلغىلار كۆتۈرۈلىدۇ،
بارلىق تاغ-دۆڭلەر پەس قىلىنىدۇ؛
ئەگرى-توقايلار تۈزلىنىدۇ،
ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەرلەر تەكشىلىنىدۇ».
«يەش.» 16:42نىمۇ كۆرۈڭ.

ئىنجىل، «1كور.» 6:9-11) «ھەققانىيسىز كىشىلەرنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلالمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ئالدىنىپ كەتمەڭلار! بۇزۇقلۇق قىلغۇچىلار، بۇتپەرەسلەر، زىنا قىلغۇچىلار، بەچچىۋازلار، باشقا ئەرلەر بىلەن بۇزۇقلۇق قىلغۇچىلار، ئوغرىلار، نەپسانىيەتچىلەر، ھاراقكەشلەر، تۆھمەتخورلار ياكى ئالدامچى-كاززاپلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ؛ بەزىڭلار بولساڭلار شۇنداق بولغانسىلەر؛ ئەمما سىلەر رەب ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا ۋە خۇدايىمىزنىڭ روھى بىلەن يۇيۇلدۇڭلار، پاك-مۇقەددەس قىلىندىڭلار، ھەققانىي قىلىندىڭلار».

داۋۇت «زەبۇر» 1:23 «پەرۋەردىگار مېنى باققۇچى پادىچىمدۇر،
موھتاج ئەمەسمەن ھېچنەرسىگە!» دەيدۇ.

(6) «توپ.» 12:2 «ئاندىن زېھنىمنى يىغىپ ئۈنى دانالىقتا، تەلۋىلىك ۋە ئەخمەقانىلىككە قاراشقا قويدۇم؛ چۈنكى پادىشاھتىن كېيىن تۇرىدىغان ئادەم نېمە قىلالايدۇ ــ قىلىسمۇ ئاللىقاچان قىلىنغان ئىشلاردىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس!»

ئىنجىل، «يۇھ.»، 12:14 (مەسىھنىڭ سۆزى) «بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ماڭا ئىشەنگەن كىشى مېنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىمنى قىلالايدۇ؛ ۋە بۇلاردىنمۇ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئەمەللەرنى قىلىدۇ، چۈنكى مەن ئاتىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىمەن».

ئىنجىل، «ۋەھ.»، 5:21 «بۇ چاغدا، تەختتە ئولتۇرغۇچى: «مانا،

ھەممىنى يېڭى قىلىمەن!» ـ دېدى»
(7) «توپ.» 17:2 «مەن ھاياتقا ئۆچ بولدۇم؛ چۈنكى قۇياش ئاستىدا قىلىنغان ئىشلار ماڭا ئېغىر كېلەتتى؛ ھەممىسى بىمەنىلىك ۋە شامالنى قوغلىغاندەك ئىشتۇر».
زەبۇر، 3:63 «ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ھاياتتىنمۇ ئەزىزدۇر؛ لەۋلىرىم سېنى مەدھىيىلەيدۇ!»
ئىنجىل، «يۇھ.»، 10:10 (ئەيسا دېدى) «مەن بولسام ئۇلارنى ھاياتلىققا ئېرىشسۇن ۋە ئۇ ھاياتلىقى مول بولسۇن دەپ كەلدىم».

(8) «توپ.» 19:3-21 «چۈنكى ئىنسان باللىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغىنى ھايۋانلارغىمۇ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرىدىغىنى ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلاردىن ئالدىنقىسى قانداق ئۆلگەن بولسا، كېيىنكىسىمۇ شۇنداق ئۆلىدۇ، ئۇلاردا ئوخشاشلا بىرلا نەپەس باردۇر. ئىنساننىڭ ھايۋانلاردىن ھېچ ئارتۇقچىلىقى يوق؛ چۈنكى ھەممە ئىش بىمەنىلىكتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر جايغا بارىدۇ؛ ھەممىسى توپا-چاڭدىن چىققان، ھەممىسى توپا-چاڭغا قايتىدۇ.
كىم ئادەم باللىرىنىڭ روھىنى بىلىدۇ؟ ئۇ يۇقىرىغا چىقامدۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ؟ ھايۋانلارنىڭ روھى، ئۇ يەر تېگىگە چۈشەمدۇ، كىم بىلىدۇ»
ئىنجىل «2كور.» 8:5 «بىز يۈرەكلىك بولۇپ، شۇنىڭدەك تەندىن نېرى بولۇپ رەب بىلەن بىللە بىر ماكاندا (ئۇ دۇنيادا) بولۇشقا تېخىمۇ خۇرسەنمىز».
«ئىبر.» 27:9 «ھەممە ئادەمنىڭ بىر قېتىم ئۆلۈشى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن سوراقتا تارتىلىشى بېكىتىلگەن...»

(9) «توپ.» 12:6 «چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆمرىدە، يەنى ئۇنىڭ سايىدەك تېزلا ئۆتىدىغان مەنىسىز ئۆمرىدىكى بارلىق كۈنلىرىدە ئۇنىڭغا نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ چۈنكى ئىنسانغا ئۇ كەتكەندىن كېيىن قۇياش ئاستىدا نېمە ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى كىم دەپ بېرەلىسۇن؟»

تەۋرات «مىك.» 8:6 «ئى ئىنسان، ئۇ ساڭا نېمە ئىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن،
بەرھەق، پەرۋەردىگار سەندىن نېمە تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن
–
ئادالەتنى يۈرگۈزۈش،
مېھرىبانلىقنى سۆيۈش،
سېنىڭ خۇدايىڭ بىلەن بىللە كەمتەرلىك بىلەن مېڭىشتىن باشقا يەنە نېمە ئىشىڭ بولسۇن؟»
ئىنجىل «لۇقا» 23:6 «شۇ كۈنى (سىلەرنىڭ خۇدانىڭ يولىدا ھەقىقەتەن ماڭغانلىقىڭلار ئىسپاتلانغاندا) شادلىنىپ تەنتەنە قىلىپ سەكرەڭلار. چۈنكى مانا، ئەرشتە بولغان ئىنئامىڭلار زوردۇر...!»

(10) «توپ.» 16:7، 17 «ئۆزۈڭنى دەپ ھەددىدىن زىيادە ھەققانىي بولما؛ ۋە ئۆزۈڭنى دەپ ھەددىدىن زىيادە دانا بولما؛ ئۆز-ئۆزۈڭنى ئالاقزادە قىلماقچىمۇسەن؟ ئۆزۈڭنى دەپ ھەددىدىن زىيادە رەزىل بولما، ياكى ئەخمەق بولما؛ ئۆز ئەجىلىڭ توشماي تۇرۇپ ئۆلمەكچىمۇسەن؟»
(بۇنىڭغا قويۇلغان ئىزاھاتىمىزنى كۆرۈڭ ھەم تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇڭ).
ئىنجىل «يۇھ.» 34:8 «ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، گۇناھ سادىر قىلغان كىشى گۇناھنىڭ قۇلىدۇر».
ئىنجىل «مات.» 20:5 «چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھەققانىيلىقىڭلار تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەرنىڭكىدىن ئاشمىسا، ئەرش پادىشاھلىقىغا ھېچقاچان كىرەلمەيسىلەر».
ئىنجىل، «رىم.» 17:14 «چۈنكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى يېمەك-ئىچمەكتە ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھتا بولغان ھەققانىيلىق، ئىناقلىق-خاتىرجەملىك ۋە شادلىقتىدۇر».

(11) «توپ.» 20:7 «بەرھەق، يەر يۈزىدە دائىم مېھرىبانلىق يۈرگۈزىدىغان، گۇناھ سادىر قىلمايدىغان ھەققانىي ئادەم يوقتۇر».
«يەش.» 53:9-11 (مەسىھ توغرۇلۇق بېشارەت) «كىشىلەر ئۇنى رەزىللەر بىلەن ئورتاق بىر گۆرگە بېكىتكەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ ئۆلۈمىدە بىر باي بىلەن بىللە بولدى،
چۈنكى ئۇ ھېچقاچان زوراۋانلىق قىلىپ باقمىغان،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىزمۇ ھىيلە-مىكىرلىك سۆز تېپىلماس.
بىراق ئۇنى ئېزىشنى لايىق كۆرگەن پەرۋەردىگاردۇر؛
ئۇ ئۇنى ئازابقا چۆمۈلدۈرگۈزدى.
گەرچە ئۇ ئۆز جېنىنى گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىق قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنى چوقۇم كۆرۈپ تۇرىدۇ،
شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنلىرى ئۇزارتىلىدۇ؛
ۋە پەرۋەردىگارنىڭ كۆڭۈلدىكىلىرى ئۇنىڭ قولىدا بولۇپ راۋاج تېپىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.
ئۇ ئۆزى تارتقان جاپانىڭ مېۋىسىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولىدۇ؛
ھەققانىي بولغۇچى مېنىڭ قۇلۇم ئۆزىنىڭ بىلىملىرى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ھەققانىيلىقنى يەتكۈزىدۇ.
چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ...»

ئىنجىل، «ئىبر.» 4:15 «چۈنكى بىزگە تەيىنلەنگەن باش كاھىنىمىز ئاجىزلىقلىرىمىزغا ھېسداشلىق قىلمىغۇچى ئەمەس، بەلكى بىزگە ئوخشاش ھەرخىل ئازدۇرۇش-سىناقلارغا دۇچ كەلگەن، لېكىن گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغۇچىدۇر».

(12) «توپ.» 7:28 «(مېنىڭ قەلبىم بۇنى يەنىلا ئىزدىمەكتە، بىراق تېخى تاپالمىدىم!) ــ مىڭ كىشى ئارىسىدا بىر دۇرۇس ئەركەكنى تاپتىم ــ بىراق شۇ مىڭ كىشى ئارىسىدىن بىرمۇ دۇرۇس ئايالنى تاپالمىدىم».

سۇلايمان ئۆزىگە: «مېنى كۆڭلۈڭگە مۆھۈردەك،
بىلىكىڭگە مۆھۈردەك بېكىتكەيسەن؛
چۈنكى مۇھەببەت ئۆلۈمدەك كۈچلۈكتۇر؛
مۇھەببەتنىڭ قىزغىنىشى تەھتىسارادەك رەھىمسىزدۇر؛
ئۇنىڭدىن چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى،
ـ ياھنىڭ دەھشەتلىك بىر يالقۇنىدۇر» دېگەن سۆيۈملۈكى «شۇلامىت»نى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ («كويى» 8:6).

ئىنجىل، «لۇقا»، 1:26-28 «... پەرىشتە جەبرائىل خۇدا تەرىپىدىن گالىلىيە ئۆلكىسىدىكى ناسارەت دېگەن بىر شەھەرگە، پاك قىز مەريەمنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلدى...

جەبرائىل ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭغا:

ـ سالام ساڭا، ئەي شەپقەتكە مۇيەسسەر بولغان قىز! پەرۋەردىگار ساڭا ياردۇر! ـ دېدى».

«لۇقا»، 8:2-3 «ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانلاردىن يەنە يامان روھلاردىن ۋە ئاغرىق-سىلاقلاردىن ساقايتىلغان بەزى ئاياللارمۇ بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىدىن يەتتە جىن ھەيدەپ چىقىرىلغان مەريەم (ماگداللىق دەپ ئاتالغان)، ھىرود خاننىڭ ساراي غوجىدارى خۇزانىڭ ئايالى يوئاننا، سۇزاننا ۋە باشقا نۇرغۇن ئاياللارمۇ بار ئىدى. بۇلار ئۆز مال-مۈلۈكلىرى بىلەن ئەيسا ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقاتتى».

(13) «توپ.» 8:8 «ھېچكىم ئۆز روھىغا ئىگە بولالماس، يەنى ھېچكىمنىڭ ئۆز روھىنى ئۆزىدە قالدۇرۇش ھوقۇقى يوقتۇر؛ ھېچكىمنىڭ ئۆلۈش كۈنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ھوقۇقى يوقتۇر؛ شۇ جەڭدىن قېچىشقا رۇخسەت يوقتۇر؛ رەزىللىك رەزىللىككە بېرىلگۈچىلەرنى قۇتقۇزماس».

ئىنجىل «يۇھ.» 10:17-18، (ئەيسا مەسىھ دەيدۇ) «ئاتا مېنى شۇ سەۋەبتىن سۆيىدۇكى، مەن جېنىمنى قايتۇرۇۋېلىشىم ئۈچۈن ئۇنى پىدا قىلىمەن. جېنىمنى ھېچكىم مەندىن ئالالمايدۇ، مەن ئۇنى ئۆز ئىختىيارىم

بىلەن پىدا قىلىمەن. مەن ئۇنى پىدا قىلىشقا ھوقۇقلۇقمەن ۋە شۇنداقلا ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ ھوقۇقلۇقمەن؛ بۇ ئەمرنى ئاتامدىن تاپشۇرۇۋالغانمەن».
«مات.» 50:27 «ئەيسا قاتتىق ئاۋاز بىلەن يەنە بىر ۋارقىرىدى-دە، روھىنى قويۇۋەتتى».
«لۇقا»، 46:23 «ئەيسا قاتتىق ئاۋاز بىلەن ندا قىلغاندىن كېيىن: — ئى ئاتا! روھىمنى قولۇڭغا تاپشۇردۇم، — دېدى-دە، تىنىقى توختاپ، جان ئۈزدى».

(14) «توپ.» 5:9، 10 «تىرىكلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ بىراق ئۆلگەنلەر بولسا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھېچ ئىنئامى يەنە بولمايدۇ؛ ئۇلار ھەتتا ئادەمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ قايتا كەلمەيدۇ ...
قولۇڭ تۇتقانى بارلىق كۈچۈڭ بىلەن قىلغىن؛ چۈنكى سەن بارىدىغان تەھتىساراادا ھېچ خىزمەت، مەقسەت-پىلان، بىلىم ياكى ھېكمەت بولمايدۇ».
داۋۇت، زەبۇر، 16:9-11 «شۇڭا مېنىڭ قەلبىم خۇشاللاندى،
مېنىڭ روھىم تېخىمۇ كۆتۈرۈلدۇ،
مېنىڭ تېنىم ئامان-ئېسەنلىككە تۇردۇ؛
چۈنكى جېنىمنى تەھتىساراادا قالدۇرمايسەن،
شۇنداقلا سېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىڭغا (سېنىڭ مەسىھىڭگە، دېمەكچى) چىرىكلىشىشلەرنى كۆرگۈزمەيسەن.
سەن ماڭا ھايات يولىنى كۆرسىتىسەن؛
ھۇزۇرۇڭدا تولۇپ تاشقان شاد-خۇراملىق باردۇر؛
ئوڭ قولۇڭدا مەڭگۈلۈك بەھرە-لەززەتلەرمۇ باردۇر»
ئىنجىل «يۇھ.» 28:5-29 «بۇنىڭغا تەئەججۇپ قىلماڭلار؛ چۈنكى بارلىق گۆردە ياتقانلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان ۋاقىت كېلىدۇ ۋە ئۇلار شۇئان يەرلىكلىرىدىن چىقىشىدۇ، ياخشىلىق قىلغانلار بولسا

ھاياتقا تىرىلدۇ، يامانلىق قىلغانلار سوراققا تارتىلىشقا تىرىلدۇ».

(15) «توپ.» 12:9 «بەرھەق، ئىنسانمۇ ئۆز ۋاقتى-سائىتىنى بىلمەيدۇ!».

ئىنجىل «يۇھ.» 1:17 «ئەيسا بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى ئەرشكە تىكىپ، مۇنداق دۇئا قىلدى:

- ئى ئاتا، ۋاقىت-سائەت يېتىپ كەلدى؛ سەن ئوغلۇڭغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەيسەن؛ بۇنىڭ بىلەن ئوغلۇڭمۇ ساڭا شان-شەرەپ كەلتۈرىدۇ».

(16) «توپ.» 19:10 «پۇل ھەممە ئىشنى ھەل قىلار!» (ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ، ئەلۋەتتە).

ئىنجىل «مات.» 6:28-33 «دالادىكى نىلۇپەرلەرنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار! ئۇلار ئەمگەكمۇ قىلمايدۇ، چاق ئېگىرمەيدۇ؛ لېكىن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، ھەتتا سۇلايمان تولۇق شان-شەرەپتە تۇرغاندىمۇ ئۇنىڭ كىيىنىشى نىلۇپەرلەرنىڭ بىر گۈلچىلىكمۇ يوق ئىدى...

شۇڭا «نېمە يەيمىز»، «نېمە ئىچىمىز»، «نېمە كىيىمىز؟» دەپ غەم قىلماڭلار. چۈنكى يات ئەلدىكىلەر مانا شۇنداق ھەممە نەرسىگە ئىنتىلىدۇ، ئەمما ئەرشتىكى ئاتاڭلار سىلەرنىڭ بۇ ھەممە نەرسىلەرگە موھتاجلىقىڭلارنى بىلىدۇ؛ شۇنداق ئىكەن، ھەممىدىن ئاۋۋال خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھەققانىيلىقىغا ئىنتىلىڭلار. ئۇ چاغدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە قوشۇلۇپ نېسىپ بولىدۇ».

ئىنجىل «1تىم» 17:6 «بۇ زاماندا باي بولغانلارغا مەغرۇرلانماسلىقنى، تايانغۇسىز ئۆتكۈنچى بايلىققا ئەمەس، بەلكى بىز بەھرىمەن بولۇشقا ھەممىنى بىزگە سېخىيلىق بىلەن تولۇپ تاشقان ھالدا تەمىنلىگۈچى خۇداغا تايىنىپ ئۈمىد باغلاشنى تاپىلىغىن».

# بەزى ئاچقۇچلۇق بايانلار

تۆۋەندە بىز ئاچقۇچلۇق بەزى بايانلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز. ئوقۇرمەنلەر بۇ بايانلارنى ئۆزىگە ماس كېلىدىغان تولۇق خۇلاسىلىرىگە كەلتۈرسە، ئۇلار ئۇنىڭدىن كۆپ ھەقىقەتلەرنى ئاچالايدىغان بولىدۇ. بىراق مۇئەللىپ (گەرچە ئۇ «ھېكمەت توپلىغۇچى» بولسىمۇ) ئۆزى شۇ بايانلىرىنى شۇ خۇلاسىلىرىگە كەلتۈرمەيدۇ. ئۇ ئوقۇرمەنلەرنى «ھاۋادا لەيلىتىپ»، چوڭقۇر ئويلاندۇرۇش ئۈچۈن بەلكىم قەستەن شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

(1-بايان) 11:3 «ئۇ ھەربىر ئىشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە گۈزەل بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن؛ ئۇ يەنە مەڭگۈلۈكنى ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە سالغاندى؛ شۇڭا، ئىنسان خۇدانىڭ ئۆز ھاياتىغا باشتىن ئاخىرغىچە نېمىنى بېكىتكەنلىكىنى بىلىپ يەتمەستۇر».

بۇ ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر سۆز. ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇدىيىتىدىن ھېس قىلغان قانائەتسىزلىكى ۋە ئەتراپىدىكى دۇنيانى چۈشىنىشكە بولغان چەكلەر ئەمەلىيەتتە خۇدادىن كەلگەن؛ ئۇنىڭ بۇ ئىشتىكى مەقسىتى بولسا، ئىنسان ئۆزىنى ئىزدىشى ئۈچۈندۇر. 1600 يىل ئىلگىرى، مەسىھىي تەپەككۇرچى ئاۋغۇستىن بۇ ھەقىقەتنى «ئى خۇدا، سەن بىزنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياراتقانسەن؛ شۇڭا كۆڭلىمىز سەندە ئارام تاپمىغۇچە ھېچ ئارام تاپمايدۇ» دەپ ئىپادىلىگەن. خۇددى ئىنجىلدا «رىم.» 8:19-21دە، سۈلايماننىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى روسۇل پاۋلۇس نەقىل كەلتۈرگەندەك: «چۈنكى پۈتكۈل كائىنات خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئايان قىلىنىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە. چۈنكى يارىتىلغان كائىنات خۇدانىڭ لەنىتى ئاستىدا قېلىپ، بىمەنىلىككە چۈكتۈرۈلدى. بۇ، كائىناتنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى چۈكتۈرگۈچىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولدى ۋە شۇنداق ئۈمىدى بىلەن بولدىكى، كائىنات ئۆزىمۇ چىرىشتىن بولغان قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇلۇپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىگە بېغىشلىنىدىغان شان-شەرەپكە تەۋە بولغان ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت ئىدى».

(2-بايان) 3:14-15 «خۇدانىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بولسا، مەڭگۈلۈك بولىدۇ، دەپ بىلىمەن؛ ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى قوشۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ؛ خۇدانىڭ ئۇلارنى قىلغانلىرىنىڭ سەۋەبى ئىنساننى ئۆزىدىن ئەيمەندۈرۈشتۇر. ھازىر بولغانلىرى ئۆتكەندىمۇ بولغاندۇر؛ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىش ئاللىقاچان بولغاندۇر؛ خۇدا ئۆتكەن ئىشلارنى سورايدۇ».

ئادەم مەڭگۈلۈك ئەھمىيەتنى ئىزدىگەن بولسا، ھەمدە ھېچقانداق ئەھمىيەت «قۇياش ئاستىدا» تېپىلمىغان بولسا، ئۇنداقتا 14-ئايەتتىكى ھەقىقەتكە قاراپ، شۇنداق ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنسەك، شۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلىدە «خۇدا قىلغان» بىر ئىش بار، دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇنداق ئوي-خۇلاسە ئادەمنى نىجات يولىغا كىرگۈزەلەيدۇ: 15-ئايەت بولسا، خۇدانىڭ سوراقتا تارتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە ئادەملەر «ئۆتكەن ئىشلار»نى ئۇنتۇسىمۇ، خۇدا «ئۆتكەن ئىشلارنى سورايدۇ». مەيلى ئۇ خۇدانى ئېتىراپ قىلسۇن، قىلمىسۇن، بۇ سوراق ھەر ئادەمنىڭ ۋىجدانىغا بىرىپ تاقىلىدۇ؛ چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ ۋىجدانى، بولۇپمۇ ئۆز گۇناھى ئالدىدا، ئۇنىڭ «ئۆزىدىن يۇقىرى بىر زات»قا ھەقىقىي جاۋابكارلىقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى سۆزسىز كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۆلۈمدىن كېيىن سوئال-سوراق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئادەم پەقەت «تەھتىسارادىكى بىر كۆلەڭگۈ»لا بولمايدۇ؛ ئىنساننىڭ قىيامەت كۈنىدە تىرىلدۈرۈلۈشى مۇقەررەر. مۇشۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن بىر ئوقۇرمەن مۇقەددەس كىتابتىكى باشقا قىسىملاردىن ئۆزىنىڭ قالغان سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالايدۇ، ئەلۋەتتە.

(3-بايان) ئاخىرقى خۇلاسە: 12:13-14 «بىز پۈتۈن ئىشقا دىققەت قىلايلى؛ خۇدادىن قورقىن ۋە ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلغىن؛ چۈنكى بۇ ئىنساننىڭ تولۇق مەجبۇرىيىتىدۇر؛ چۈنكى ئادەم قىلغان ھەربىر ئىش، جۈملىدىن بارلىق مەخپىي ئىشلار، ياخشى بولسۇن يامان بولسۇن، خۇدا ئۇلارنىڭ سورىقىنى قىلىدۇ».

بۇ بايان «ھېكمەت توپلىغۇچى»نىڭ ئوقۇرمەننى ئويلاندۇرۇش ئۈچۈن قەستەن بەزى ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ ئايەتلەرنى

دەرۋەقە «ھازىرقى زامان كىشىلىرى» ئۇچۇن خۇش خەۋەر دېيىشكە بولىدۇ؛ گەرچە «ھېكمەت توپلىغۇچى» «ھەممە ئىش بىمەنىلىكتۇر» دېگەن بولسىمۇ، مەزكۇر ئايەتلەر ئەكسىچە ھەممە ئىشنىڭ ئەھمىيىتى بار دەپ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ھەربىر ئىشنىڭ (مەخپىي، يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق، ياخشى ياكى يامان بولسۇن)، خۇداغا بولغان مۇھىملىقى بار – بولمىسا ئۇ نېمىشقا «ئادەم قىلغان ھەربىر ئىشنىڭ سورىقىنى» قىلسۇن؟ ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتى باردۇر – بىراق ئۇنى پەقەت تىرىك خۇدانىڭ دوستلۇقىدا بولۇش بىلەن تاپقىلى بولىدۇ.

## تەۋرات، 22-قىسىم

# «كۆيلەرنىڭ كۆيى»

### كىرىش سۆز

ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ بىر-بىرىگە يازغان «مۇھەببەت خەت»لىرىنى ياكى «مۇھەببەت شېئىر»لىرىنى چۈشىنىشنىڭ تەسلىكى كۆپىنچىمىزگە ئايان. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئۆز تىلى ۋە كۆپ سىرلىرى بار؛ ئۆزئارا سۆزلەشكەندە، شۇنچە كۆپ ئىشلار پەقەت ئاشىق-مەشۇق ئىككىسىگىلا مەلۇم، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى كىچىككىنە ۋەقەلەرنىڭمۇ شۇنچە زور ئەھمىيىتى بولىدۇ! مەلۇم بىر جاي، ۋاقىت ياكى چېتىشلىق ئىسىملار تىلغا ئېلىنغاندىلا، ئاندىن توپ-توپ ئەسلەتمىلەر ياكى مۇناسىۋەتلىك مەخپىي ئىشلار ئۇلارنىڭ ئېسىگە كەلكۈنلەپ كىرىدۇ. يات ئادەملەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ گاراڭ بولۇپ قالىدۇ.

كۆپىنچىمىز ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ بىر-بىرىگە يازغان «مۇھەببەت خەت»لىرىنى ياكى «مۇھەببەت شېئىر»لىرىنى ئوقۇپ چۈشىنىشنى ناھايىتى ئاز «مەشىق» قىلدۇق؛ ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە — چۈنكى بۇ باشقىلارنىڭ ئىشلىرى تۇرسا! بىراق بەزى ۋاقىتلاردا كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك مەلۇم بىر «مۇھەببەت ھېكايىسى»نىڭ تەپسىلاتلىرى مۇئەللىپىنىڭ قەلىمى بىلەن ئاممىغا ئايان قىلىنىپ قالىدۇ؛ ھەرقانداق ئادەم لەيلى-مەجنۇن، پەرھاد-شېرىنىنىڭ ھېكايىلىرىدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. چۈنكى خۇدا ئۆزى ۋۇجۇدىمىزغا «رومانتىك» ھېسسىياتنى سالدى؛ بىز «ئۇنىڭ سۈرىتى»دە يارىتىلغانمىز ۋە رومانتىك ھېسسىيات بۇ سۈرەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

ئۆز ۋاقتىدا «سۇلايمان پادىشاھ ۋە شۇلامىت»نىڭ ھېكايىسى ئىسرائىل ئاممىسى ئارىسىدا ئوخشاشلا (لەيلى-مەجنۇن ھېكايىسىدەك) داڭقى چىققان بولسا كېرەك. سۇلايمان پادىشاھ ئۆز خەلقىنىڭ ئەينى ئەھۋالىنى شەخسەن ئىگىلەش ئۈچۈن ئاددىي

بىر قويچىنىڭ قىياپىتىدە گالىلىيە ئۆلكىسىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ شۇ يەردە شۇلامىتنى («شۇلام» ياكى «شۇنەم» شەھىرىدىكى بىر قىز) ئۇچرىتىدۇ. ئۇ ئاددىي بىر يېزىلىق قىز ئىدى؛ ئاكىلىرى ئۇنىڭغا قىزىق ئاپتاپ ئاستىدا ئۈزۈمزارلىرىنى پەرۋىش قىلدۇرغانىدى. تېكىستتىن كۆرۈنىدۇكى، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى ۋە بىر سىڭلىسى بار ئىدى؛ ئاپىسىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ، بىراق ئاتىسى تىلغا ئېلىنمايدۇ، ئېھتىمال ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك.

سۇلايمان بىرىنچى قېتىم شۇلامىتنى كۆرگەندە ئۇ بەلكىم بىر ئالما دەرىخى ئاستىدا ئۇخلاۋاتقان بولسا كېرەك (4:8). ئۇلار تۇنجى كۆرۈشۈپلا «كۆيۈپ قېلىشتى». دەسلەپتە بۇ ئاددىي پادىچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىدىن قىزنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە. سۇلايمان ئۇنىڭغا سالاھىيىتىنى كېيىنچە ئاشكارىلىدى. ھەممىگە ئايان، پادىشاھنىڭ ئايالى بولۇش ئادەمنى غەمگە سالىدىغان ئېغىر مەسئۇلىيەتلىك ئىش. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇقىم بولغۇچە، يەنى شۇلامىت سۇلايماننىڭ ئۆزىگە باغلىغان مۇھەببىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندۈرۈلگۈچە، سۇلايمان ئۆز سالاھىيىتىنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلىمىدى.

دېگىنىمىزدەك «پادىشاھنىڭ ئايالى» بولۇش مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر. لېكىن بۇ مەسئۇلىيەت شۇلامىتقا ئايان بولغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتىنى تاشلاپ، سۇلايمانغا ئەگىشىپ بۈيۈك يېرۇسالېم شەھىرىگە بېرىپ، پۈتۈنلەي يېڭى تۇرمۇشنى باشلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ قارارغا كەلدى. شېئىر توي قىلغان كۈنىدىكى زىياپەتتە، قىزنىڭ كەلگۈسى كېچە توغرۇلۇق ئويلاۋاتقىنى بىلەن باشلىنىدۇ. ئاساسەن كىتابنىڭ ھەممىسى شۇلامىتنىڭ نەزىرى بىلەن يېزىلغان.

شەرقتىكى كۆپ پادىشاھلارغا ئوخشاش، سۇلايماننىڭمۇ بىر ھەرەم ئاياللىرى بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭغا نىسبەتەن شۇلامىت «بىردىنبىر سۆيۈملۈك»ى بولدى (2:5)؛ سۆيگەن ئايال-كېنىزەكلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى (8:7). ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن سۇلايمان 13 «ئويلىنىش»نى يازدى ۋە ئۇنى 5 «خاتىرە» ئاستىدا رەتلەپ مەزكۇر كىتابنى چىقاردى. بۇ ئون ئۈچ «ئويلىنىش»نىڭ ھەربىرى ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە باغلىق بولغان بىرەر ۋەقە، پاراڭ، ئوي ياكى چۈش توغرۇلۇق بولۇپ، «ئويلىنىش»نىڭ ھەربىرى يەنە بەش «خاتىرە»نىڭ بىرى بىلەن باغلىقتۇر. بۇ ئويلىنىشلاردىن ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ قانداق راۋاجلانغانلىقى، قانداق

كۈچەيتىلگەنلىكى، بىر-بىرىگە ئۆزلىرىنى ئۆمۈرۋايەت بېغىشلىشىنىڭ «ئۆلۈمدەك كۈچلۈك» دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ (6:8). دەرۋەقە مۇشۇنداق مۇھەببەت ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتكە قارىتا خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئۈلگىسىدۇر.

كىتابتىكى بەش خاتىرە ۋە ئون ئۈچ ئويلىنىش ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تىزىلغان ئەمەس. شۇڭا «ئويلىنىشلار» ئۇلارنىڭ تولۇق «مۇھەببەت ھېكايە»سىمۇ ئەمەس. ئۆز ۋاقتىدىكىلەر ئۈچۈن ھېكايىنىڭ تەپسىلاتلىرى بەلكىم شۇنچە تونۇش بولغانكى، ئۇلارنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، دەپ قىياس قىلىمىز. بىراق بىزگە نىسبەتەن ھېكايىنىڭ ئۆزىنى، جۈملىدىن ھەربىر خاتىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى ئازراق «رازۋېد» قىلىشىمىز بىلەن ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز. ھەربىر «ئويلىنىش»قا قويۇلغان ماۋزۇ ۋە ئايەتلەرگە بېرىلگەن شەرھلەر، ئۆزىمىزنىڭ نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا بولغان پىكىر-تەشەببۇسلىرىمىزلا، خالاس. ئوقۇرمەنلەر بۇ چۈشەنچىلىرىمىز، پىكىرلىرىمىزنىڭ توغرا ياكى ئەمەلىيەتكە يېقىن ئىكەنلىكىگە ئۆزلىرى ھۆكۈم چىقارسۇن. يەنە تەكىتلەيمىزكى، بۇ ماۋزۇلار ۋە ئايەتلەرگە قوشۇلغان شەرھلەر، جۈملىدىن ئىزاھاتلار بىزنىڭكىدۇر، بۇلار مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس. ئۇلار پەقەت ئوقۇرمەنلەرگە ياردەم بولسۇن دېگەن ئۈمىدتە تەرجىماندىن قوشۇلدى. كىتابنىڭ ئەسلي تېكىستى «قېنىق» بېسىلدى. تېكىستنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق خۇلاسىگە كەلگىنىمىزدە بىز ھازىرقى زاماندىكى ئارنولد فرۇختەنبائۇم ۋە ياقۇپ پاراش دېگەن ئىككى يەھۇدىي ئالىمنىڭ ئويلىغانلىرىغا كۆپ ئەگەشتۇق. بىزنىڭچە بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ھەربىرىنىڭ شەرھلىرى تېكىستنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا بىر-بىرىگە ئەڭ ماس كېلىدۇ.

ئەمدى سوراشقا تېگىشلىك بولغان بىر سوئال قالىدۇ: ــ «رومانتىكلىق» ۋە ئەر-ئاياللىقتىكى راۋاجلىنىپ پىشقان مۇھەببەت، بولۇپمۇ جىنسىي مۇھەببەت توغرۇلۇق بىر شېئىرلىك ھېكايىنىڭ مۇقەددەس كىتاب قىسىملىرىدىن ئورۇن ئالغۇچىلىقى بارمۇ؟ خۇدانىڭ خەلقى قانداق ياكى نېمىشقا مەزكۇر كىتابنى «خۇدانىڭ ۋەھىيسى بىلەن كەلگەن» دەپ قاراپ، ئۇنى تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزگەن؟ سۇلايمان پادشاھ ئۆزى بىرىنچى بولۇپ مەزكۇر يازمىسىنىڭ «ۋەھيي» ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇ جەمئىي «بىر مىڭ بەش» شېئىر-كۈي يازغان. سۇلايمان شۇ بىر مىڭ بەش شېئىر-كۈي ئىچىدە مۇشۇ ئەسىرىنى «كۈيلەرنىڭ

كۆيى» دەپ ئاتىغان؛ شۇڭا ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىپ يېتىپ، خەلقنىڭ ئۇنى مۇقەددەس كىتابنىڭ بىر قىسمى دەپ قوبۇل قىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەتتا مۇمكىنچىلىكى باركى، كىتابنى «كۆيلەرنىڭ كۆيى» دەپ ئاتىغانلىقى «دۇنيادىكى بارلىق شېئىر-كۆيلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى» دېگەن مەنىنىمۇ كۆرستىشى مۇمكىن.

خۇدانىڭ يولىدا يېزىلغان مەلۇم كىتابتا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بېشارەت بولسا، مۆمىن بەندىلەر بەلكىم بۇ كىتابنى «خۇدادىن كەلگەن» دەپ قارشى مۇمكىن. بىراق مەزكۇر كىتابتا شۇنداق بېشارەت يوق. بىلىشىمىزچىمۇ ئۇنىڭ يېزىلىشى بىلەن تەڭ ھېچ مۆجىزە يۈز بەرمىگەن. خۇدانىڭ يوللىرىدىكى چوڭقۇر بىر پرىنسىپ باركى، ئۇ مۇھىم ھەقىقەتلەرگە ھەردائىم بىرلا گۇۋاھچى تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھچى تەمىنلەيدۇ. بۇ پرىنسىپ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇندا سوتلار توغرىسىدا: «ھەربىر ئىشنى ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ ئاغزىدىن ئىسپاتلاش كېرەك» دەپ يېزىلغان ــ باشقىچە ئېيتقاندا، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ گۇناھىنى بېكىتىش ئۈچۈن بىرلا گۇۋاھچى كۇپايە قىلمايدۇ. ئەمما خۇدا بېكىتكەن «ھەربىر ئىشنىڭ ئىككى-ئۈچ گۇۋاھچىسى كېرەك» دېگەن شۇ پرىنسىپ سوت-دەۋالاردىن باشقا دائىرىدىمۇ كەڭ ئىناۋەتلىكتۇر. بۇ كىتابقا نىسبەتەن سۇلايمان ئۆزى بىرىنچى گۇۋاھچى بولغان، ئەلۋەتتە. ئىشىنىمىزكى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبەرلىرى قايسى كىتابلارنىڭ خۇدانىڭ ۋەھيىسى بىلەن كەلگەنلىكىنى مۇقەددەس روھ ئارقىلىق بىلىپ ئاندىن بۇلار توغرۇلۇق خۇدانىڭ خەلقىگە گۇۋاھلىق بەرگەن. شۇنىڭدەك ئۇلار سۇلايماننىڭ «كۆيلەرنىڭ كۆيى» ھەمدە شۇنداقلا باشقا بىرقانچە تارىخىي كىتابلار (ئالايلۇق، «پادىشاھلار (1)، (2)»، «تارىخ-تەزكىرە (1)، (2)»نى «خۇدانىڭ ۋەھيىسى ۋە بۇيرۇقى بىلەن يېزىلغان، ھەقىقەتنى كۆرسەتكەن خاتىرىلەر» دەپ تەستىقلىدى. شۇنداق بولۇپ تەۋراتتىكى كىتابلارنىڭ سانى ئەسلىدىكى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن «قانۇنىي خاتىرىلەر» بولغان 5 كىتابتىن (بەزىدە ئىبرانىي تىلىدا «تاۋراھ» دەپ ئاتالغان) ئاستا-ئاستا 39 كىتابقا يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەۋرات ئەڭ ئاخىرقى «مالاكى پەيغەمبەر» دېگەن بېشارەتلىك كىتابى بىلەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 396-يىلىدا ئاخىرلاشقان.

ئەمدى خۇدا نېمىشقا بۇ «رومانتىك مۇھەببەت»نى تەسۋىرلەيدىغان كىتابنى تەۋراتنىڭ بىر قىسمى بولسۇن دەپ بۇيرۇغان؟

تەۋراتنىڭ بىرىنچى بابىدا: «خۇدا: «بىزنىڭ سۈرىتىمىزدە، بىزگە ئوخشايدىغان ئىنسانلارنى يارىتايلى» دېگەن» دەپ خاتىرىلىنىدۇ. ئىنساننىڭ «خۇدانىڭ سۈرىتى» بولغانلىقى ئىنتايىن چوڭقۇر بىر سىر بولۇپ، خۇدانىڭ ھېچقانداق جىسمانىي جەھەتتىكى بىر «سۈرەت»ى ياكى «ئوخشاشلىق»نى كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. «خۇدا روھتۇر» («يۇھ.» 24:4). شۇڭا ياغاچ ياكى تاشتىن جانسىز بىر مەبۇد ياساپ، «مانا خۇدانىڭ ئوخشىشى!» دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ ۋە شۇنداق قىلىش تەۋراتتا قەتئىي مەنئى قىلىنغان. چۈنكى ئۇنداق جانسىز بىر نەرسىنى «خۇدانىڭ ئوخشىشى» دېيىش تىرىك خۇدانى ھاقارەتلەشتىن ئىبارەتتۇر. «خۇدانىڭ سۈرىتى» ئىنساننىڭ روھى ۋە خاراكتېرىدا مەۋجۇتتۇر. بۇ «سۈرەت» گۇناھ تۈپەيلىدىن سەتلەشتۈرۈلگەن ۋە بۇزۇلغان بولسىمۇ، «سۈرەت» تېخى مەۋجۇت (ئىنجىل، «ياق.» 9:3).

ئىنساندا شۇ «خۇدانىڭ سۈرىتى»دىن قالغان بىر جەھەتى بولسا، ھەر ئىنساندا مۇھەببەتنى ئىپادىلەش ۋە مۇھەببەتنى قوبۇل قىلىشقا بولغان تەقەززا بولىدۇ؛ خۇدا دۇنيانى ئاپىرىدە قىلغاندا مۇھەببەتنىڭ ئالاھىدە بىر يولدا ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقى ۋە قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. «شۇ سەۋەبتىن (خۇدا بېكىتكىنى ئۈچۈن) ئوغۇل بالا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئايالىغا باغلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولىدۇ» («يار.» 24:2).

ئەر-ئاياللىق مۇھەببەتنىڭ، جىنسىيەت، ۋە شۇنداقلا جىنسىيەت ئارقىلىق مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ۋە قوبۇل قىلىدىغانلىقى بولسا گۇناھنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، ئۇلار خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئەسلى تەقسىم قىلغانلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئۇ ئادەمئاتىمىز گۇناھ سادىر قىلىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغاندى. «جىنسىيەتنىڭ ئۆزى ناپاك» دېگەن گەپ شەيتاننىڭ بىر يالغانچىلىقىدۇر. دېيىشىمىز كېرەككى، ئەلۋەتتە، ئەر-ئايال نىكاھ ئارقىلىق بىر-بىرىگە بېغىشلانمىغان بولسا، جىنسىي «مۇھەببەت» ئۆتكۈزۈش خۇدانىڭ ئىرادىسىگە پۈتۈنلەي بىر ساتقۇنلۇق ــ ئەمەلىيەتتە ئۇ «مۇھەببەت» ئەمەس، بەلكى ھالاكەتنىڭ مۇجەسسەملەنگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق بولغاندا، قىز-ئاياللار پەقەت ئەركەكلەر لەززەتلىنىدىغان بىر ئويۇنچۇق بولىدۇ، خالاس، كېرەكسىز بولغاندا تاشلىۋېتىلىدۇ. خۇدانىڭ مەسىھ ئارقىلىق كەلگەن كەچۈرۈم-مەغپىرىتى ۋە نىجاتى گۇناھنى يۇمىغان بولسا، بۇ جىنسىي تەرەپتىكى

گۇناھنىڭ نەتىجىسى بولغان روھىي بۇلغىنىش ئىنسانلارنى دوزاخقا چۈشۈرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن سىرت، ئۆچ-ئاداۋەتكە چۆمگەن ھايات، ھېچكىم بېقىشنى خالىمايدىغان، شۇنداقلا «ھارامدىن بولغان»، ئاتا-ئانىلىق مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغان نۇرغۇن باللار ۋە يۈزلىگەن جىنسىي كېسەللەر ئۇنىڭ باشقا نەتىجىسى بولۇپ قالىدۇ. بىراق جىنسىي گۇناھلارنى سادىر قىلمايمەن دېگەن نىيەتتە: «جىنسىيەت ئۆزى ناپاك، ناتوغرا» دېيىش گۇناھتىن قۇتۇلۇش يولى ئەمەس. ئەر-ئاياللىقتا بولىدىغان جىنسىي مۇھەببەت خۇدانىڭ تىلسىمات ۋە ئاجايىب بىر سوۋغىتىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇ سوۋغاتنى تەبرىكلەش، ئۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىش، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. «كۈيلەرنىڭ كۈيى» دېگەن كىتابنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىنىڭ مەقسىتى دەل شۇكى ــ خۇدانىڭ سوۋغىسى بولغان ئەر-ئاياللىق مۇھەببەتنى تەبرىكلەش، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇستىگە خۇدانىڭ تەستىقلىغۇچى مۆھۈرىنى بېسىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭدەك، سۇلايمان ۋە شۇلامىتنىڭ ئۈلگە بولغان مۇھەببىتى ئارقىلىق مەزكۇر كىتاب بىزگە نىكاھنىڭ ئۈلى، يەنى بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ۋە چۈشىنىش، بىر-بىرىگە بويسۇنۇش دېگەن پرىنسىپلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ ئەر-ئايالنىڭ مۇھەببىتى ساقلىنىپلا قالماي، بەلكى راۋاجلىنىپ رىشتىلىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئويلىنىپ باقساق، ئەر-ئاياللىق، جۈملىدىن جىنسىي مۇھەببەت كۆپىنچىمىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ شۇنچە مۇھىم بىر قىسمى بولغاچقا، مۇقەددەس كىتابتا بۇ تەرەپتە يوليورۇقلار بولمىغان بولسا، تولىمۇ غەلىتە بولاتتى.

بىز يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئۇستىدە ۋە شۇنىڭدەك سۇلايمان پادىشاھنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى مەسىلىلەر ئۇستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە ئازراق توختىلىمىز.

خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى دەۋردىن-دەۋرگىچە كىتابتا تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەتتىن خۇدانىڭ ئۆز جامائىتىگە ياكى بولمىسا ھەربىر ئېتىقادچىغا مەسىھ ئارقىلىق باغلىغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇر بىر سۈرىتىنىڭ ئەكس ئېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ كەلمەكتە. بەزى ئالىملار بۇنى مازاق قىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭچە كىتابتا ئەر-ئايال ئارىسىدىكى ھەم پادىشاھ-پۇقرا ئارىسىدىكى ساپ بىر مۇھەببەت ۋەھىي ئارقىلىق سۈرەتلەنگەچكە، ئۇ يەنە مەسىھنىڭ ئۆز خەلقىگە باغلىغان مۇھەببىتىنىڭ ئاجايىب بىر سۈرىتى بولماي قالمايدۇ («ئەف.» 5:20-33نى كۆرۈڭ).

ئىزاھات: كىتابتا پات-پات تىلغا ئېلىنغان «يېرۇسالېم قىزلىرى»نىڭ سۆزلىرى ئىسرائىل خەلقىنىڭ شېئىردە تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەتكە بولغان ئىنكاسلىرىنى، شۇنىڭدەك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شېئىردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرگە سوئاللىرىنى ۋە ئىنكاسلىرىنى بىلدۈرىدۇ. «يېرۇسالېم قىزلىرى»نىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسىلا نەق مەيداندا بولغان بولۇشى ناتايىن.

ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن دەپ بىز بەزى ئايەتلەرنىڭ ئاستىغا شەرھ بەردۇق. بۇ شەرھلەردە تېكىستنىڭ تولۇق مەنىسىنى شەرھلىمەكچى ئەمەسمىز (قولىمىزدىن كەلگەن بولسا، شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن بەتلەر قوشۇلاتتى)، بەلكى ئوقۇرمەنلەرنى ئارقا كۆرۈنۈشلىرى توغرۇلۇق ئازراق پايدىلىق خەۋەر بىلەن تەمىنلىمەكچى، شۇنداقلا بۇ ئاجايىب مۇھەببەت شېئىرىدىن بەزى مۇھىم يەكۈنلەرنى چىقارماقچىمىز. يەنە تەكىتلەيمىزكى، ئۇ شەرھلەر ئۆزىمىزنىڭ پىكرىمىز، خالاس؛ ئۇ مۇقەددەس تېكىستنىڭ بىر قىسمى ئەمەس.

چۈشىنىشىمىزچە، كىتابنىڭ «بەش خاتىرە»، «ئون ئۈچ ئويلىنىش»نىڭ قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىدەك: —

## بىرىنچى قىسىم ـ مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشى (1:1ـ1:5)

*1ـخاتىرە ـ توي كۈنى ئۆستىدە بولغان ئويلار (1:2ـ2:7)*

ئويلىنىش (1) ـ شۇلامىت سۇلايماننىڭ ئوردىسىدا ـ توي زىياپىتىگە تەييارلىنىش (1:2ـ8)

ئويلىنىش (2) ـ توي زىياپىتىدىكى داستىخان ئۈستىدە بولغان ئويلار (سۇلايمان شۇلامىتقا سۆز قىلىدۇ، ئاندىن شۇلامىت سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ) (1:9ـ14)

ئويلىنىش (3) ـ توي ھۇجرىسىدا بولغان ئويلار (1:15ـ2:7)

*2ـخاتىرە: مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن كۈنلەر ئۈستىدىكى ئويلار (2:8ـ3:5)*

ئويلىنىش (4) ـ سۇلايماننىڭ ئەتىيازدا شۇلامىتنى يوقلاپ كەلگىنى توغرۇلۇق ئويلار (2:8ـ9)

ئويلىنىش (5) ـ شۇلامىت قايتا-قايتا كۆرگەن «ئايرىلىش» توغرۇلۇق بىر چۈش (3:1ـ5)

*3ـخاتىرە: ئەر-ئايال بولۇپ بىرلىشىش ئۈستىدىكى ئويلىنىشلار (3:6ـ5:1)*

ئويلىنىش (6) ـ توينىڭ سەپەر (3:6ـ11)

ئويلىنىش (7) ـ توي كېچىسى (4:1ـ5:1)

## ئىككىنچى قىسىم ـ ئەر-ئاياللىق مۇھەببەتنى كۈچەيتىش ـ مۇھەببەتنىڭ يېڭى ئىپادىلىرى (5:2ـ8:14)

*4ـخاتىرە ـ مۇھەببەتنى رەت قىلىش توغرىسىدىكى بىر چۈش ـ ئۇ توغرۇلۇق ئويلىنىش (5:2ـ6:9)*

ئويلىنىش (8) – شۇلامىتنى باسقان قورقۇنچلۇق چۈش (2:5-3:6)
ئويلىنىش (9) – سۇلايماننىڭ شۇلامىتقا قايتىپ كېلىشى – شۇلامىتنى قايتا ماختىشى (4:6-9)

*5-خاتىرە – يېزىدا دەم ئېلىش (گاللىيەگە قايتىش) (10:6-14:8)*

ئويلىنىش (10) – ««ماھانائىم» (ئىككى بارگاھ) ئۇسسۇلى» (10:6-10:7)
ئويلىنىش (11) – شۇلامىتنىڭ ئۆز يۇرتىنى يوقلاشقا بولغان ئارزۇسى (11:7-4:8)
ئويلىنىش (12) – يېزىلارغا (گاللىيەگە) سەپەر (5:8-7)
ئويلىنىش (13) – شۇلامىتنىڭ يۇرتىغا، ئۆيىگە قايتىپ كېلىشى. شۇلامىت كىچىك سىڭلىسى توغرۇلۇق ئىككى ئاكىسىغا سۆزلەيدۇ، ئاخىردا سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ (8:8-14)

ئىزاھات — ئۇشبۇ كىتابتىكى ئەينى مۇقەددەس تېكىست: — «**ئەينىي تېكىست**» دېگەندەك ھەرپ چوڭلىقى ۋە رەڭگى بىلەن كۆرسىتىلىدۇ.

## تەۋرات، 22-قىسىم

# كۈيلەرنىڭ كۈيى

1
[1] «كۈيلەرنىڭ كۈيى» ــ سۇلايماننىڭ كۈيى.

## بىرىنچى قىسىم ــ مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشى
## 1:2-5:1
### بىرىنچى خاتىرە ــ توي كۈنى ئۆستىدە بولغان ئويلار 1:2-2:7
### بىرىنچى ئويلىنىش ــ شۇلامىت سۇلايماننىڭ ئوردىسىدا ــ توي زىياپىتىگە تەييارلىنىش 2:1-8:1
### شۇلامىت سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ

[2] «ئۇ ئوتلۇق ئاغزى بىلەن مېنى سۆيسۇن؛
چۈنكى سېنىڭ مۇھەببىتىڭ شارابتىن شېرىندۇر.
[3] خۇشپۇراقتۇر سېنىڭ ئەتىرلىرىڭ؛
قۇيۇلغان پۇراقلىق ماي سېنىڭ نامىڭدۇر؛
شۇڭلاشقا قىزلار سېنى سۆيىدۇ.
كۆڭلۈمنى ئۆزۈڭگە مەھلىيا قىلغايسەن ـ

1:1 «شەرھ» ــ بۇ ماۋزۇ «كۈي-ناخشىلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئېسىل كۈي-ناخشا» دېگەن مەنىدە. سۇلايمان جەمئىي 1005 كۈي-ناخشا يازغان («1پاد.» 32:4).

1:1 1پاد. 32:4

2:1 «ئۇ ئوتلۇق ئاغزى بىلەن مېنى سۆيسۇن» ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ئاغزىدىكى سۆيۈشلىرى بىلەن سۆيسۇن!». «چۈنكى سېنىڭ مۇھەببىتىڭ شارابتىن شېرىندۇر» ــ «مۇھەببىتىڭ» ئىبرانىي تىلىدا كۆپلۈك شەكلىدە بولۇپ (مۇھەببەتلىرىڭ) مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئىپادە-ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

2-4-ئايەتنىڭ شەرھى: مۇشۇ يەردە شۇلامىت توينىڭ بىرىنچى زىياپىتى ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. نىكاھ مۇراسىمى ئاللىقاچان ئۆتكۈزۈلگەن: 2-ئايەتتە قىزىق يېرى شۇكى، شۇلامىت بايانىنى پەقەت «ئۇ» بىلەن باشلايدۇ ــ كىم ئىكەنلىكىنى دېمەيدۇ! چۈنكى سۆيگۈچى كىشىگە نىسبەتەن ھەردائىم پەقەت بىردىنبىر «ئۇ» بار!

بىز ساڭا ئەگىشىپ يۈگۈرەيلى!
پادىشاھ مېنى ئۆز ھۇجرىلىرىغا ئەكىرگەي!»

## يېرۇسالېم قىزلىرى سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ

[4] «بىز سەندىن خۇشال بولۇپ شادلىنىمىز؛
سېنىڭ مۇھەببەتلىرىڭنى شارابتىن ئارتۇق ئەسلەپ تەرىپلەيمىز».

## شۇلامىت «يېرۇسالېم قىزلىرى»غا جاۋاب قىلىدۇ

[5] «ئۇلار سېنى دۇرۇسلۇق بىلەن سۆيىدۇ».
«قارا تەنلىك بولغىنىم بىلەن چىرايلىقمەن، ئى يېرۇسالېم قىزلىرى!
بەرھەق، كېدارلىقلارنىڭ چېدىرلىرىدەك،
سۇلايماننىڭ پەردىلىرىدەك قارىمەن.
[6] ماڭا تىكىلىپ قارىماڭلار،
چۈنكى قارىدۇرمەن،
چۈنكى ئاپتاپ مېنى كۆيدۈردى؛
ئانامنىڭ ئوغۇللىرى مەندىن رەنجىگەن؛
شۇڭا ئۇلار مېنى ئۈزۈمزارلارنى باققۇچى قىلدى؛
شۇڭا ئۆز ئۈزۈمزارىمنى باقالمىغانمەن.»

---

3:1 «بىز ساڭا ئەگىشىپ يۈگۈرەيلى!» ــ بۇ سۆزلەرنى شۇلامىتنىڭكى، بىراق «يېرۇسالېم قىزلىرى»نى ئۆزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «بىز ساڭا ئەگىشىپ يۈگۈرەيلى!» ئېيتىدۇ.

4:1 «بىز سەندىن خۇشال بولۇپ شادلىنىمىز؛ سېنىڭ مۇھەببەتلىرىڭنى شارابتىن ئارتۇق ئەسلەپ تەرىپلەيمىز» ــ بەزى ئالىملار بۇ سۆزلەرنى «شۇلامىت»قا ئېيتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن يېرۇسالېم قىزلىرى شۇلامىتقا قولداش بولۇپ ئۇ ۋە سۇلايمان ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىدۇ.

5:1 «ئۇلار سېنى دۇرۇسلۇق بىلەن سۆيىدۇ» ــ بۇ ئايەتتە شۇلامىت سۆز قىلىدۇ. ئاۋۋالقى گەپنى ئۇ سۇلايمانغا ئېيتىدۇ. «ئۇلار» ــ مۇشۇ يەردە يېرۇسالېم قىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

6:1 «5-6-ئايەت شەرھى» ــ يېرۇسالېم قىزلىرىنىڭ سۇلايماننى تەرىپلىشى شۇلامىتقا ئۆزىنىڭ «قارا تەنلىك» ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاكىلىرى ئۇنىڭدىن بىر ياكى بىرقانچە قېتىم رەنجىپ ئۇنى ئۈزۈمزارلاردا ئىشلەشكە ئەۋەتكەن. ئۈزۈمزارلاردا سايە ئاز بولغاچقا ئۇ «قارا تەنلىك» بولۇپ قالغان.
—ئىبرانيي تىلدا «مەندىن رەنجىدى» ۋە «مېنى كۆيدۈردى» دېگەن ئىبارىلەر ئوخشاش.

## شۇلامىت سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ

7 «ھەي، جېنىم سۆيگىنىم، دېگىنە،
پادائىڭنى قەيەردە باقىسەن؟
ئۇنى كۈن قىيامىدا قەيەردە ئارام ئالغۇزىسەن؟
ھەمراھلىرىڭنىڭ پادىلىرى يېنىدا چۈمپەردىلىك ئاياللاردەك
يۈرۈشۈمنىڭ نېمە ھاجىتى؟»

## سۇلايمان شۇلامىتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىدۇ

8 «ئى قىز-ئاياللار ئارىسىدىكى ئەڭ گۈزىلى، ئەگەر سەن بۇنى
بىلمىسەڭ،

---

—«ئۆز ئۈزۈمزارىمنى باقالمىغانمەن» — بۇ بەلكىم كۆچمە مەنىدە بولۇپ: «مەن ھەردائىم دالادا بولغاچقا، ئۆزۈمنى ئاسراش، ئۆزۈمنىڭ گۈزەللىكىمنى ساقلاش-بېزەش، پەردازلاش ۋاقتىم يوق ئىدى» دېگەنلىكتۇر.
—كېدارلىقلار چارۋىچى خەلق ئىدى، ھەردائىم چېدىرلاردا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى قاپقارا بولسا كېرەك. بىراق «سۇلايماننىڭ پەردىلىرى» بولسا قارا ياكى توق رەڭلىك بولغىنى بىلەن، بىراق شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق گۈل-نۇسقىلىرى بار ئىدى.
7:1 **«7-ئايەت شەرھى»** — شۇلامىت ھازىر ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقى مۇھەببەتلەشكەن كۈنلىرىنى ئەسلىتىدۇ. شۇ چاغلاردا سۇلايمان پادىشاھ ئەل-يۇرتلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن پادىچى قىياپىتىدە شۇلامىتنىڭ يۇرتى، يەنى گالىلىيەگە كەلگەن بولسا كېرەك. شۇڭا شۇلامىت سۇلايماننى ئاددىي بىر پادىچى ئىكەن دەپ ئويلىغان. شۇلامىت ئۇنىڭغا كۆيۈپ ئۇنى ئىزدىگەندە، ئۇ پادىلار كۆپ بولغان يەرلەردە (سۇلايماننىڭ «ھەمراھلىرى» بولغان باشقا پادىچىلار بار يەرلەردە) ئايلىنىپ يۈرگەن. ئۇنىڭ ئائىلىسىنى، شۇنداقلا ئۆزىنى ئىزاغا قويماسلىق ئۈچۈن، شۇلامىت ئۆزى بىرنەچچە قوزىنى ئېلىپ (8-ئايەت)، پادىچىنىڭ قىياپىتىدە ئۆز چىرايىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن چۈمپەردە تارتىۋالغان. بىراق شۇنداق نىقابلىنىش بىلەن ئۇنىڭ قىياپىتى پاھىشە ئاياللىرىڭكىگە ئوخشاپ قالغان (توي قىلىۋاتقان قىزلار چۈمپەردە ئارتقاندەك، پاھىشە ئاياللار شۇ چاغدا چۈمپەردە ئارتاتتى. ئۇلار شۇ تۇرقىدا ئەرلەرگە: «مەن بۈگۈن كېچە سەن بىلەن توي قىلغۇدەكمەن» دەپ ئىپادىلەيتتى ۋە ھەمدە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى يوشۇرالايتتى، ئەلۋەتتە).
—ئەگەر ئۇ «سۆيگەن پادىچى» ئۆز پادىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسا، بۇنداق ئاۋارىچىلىك ياكى سەتلىكنىڭ ھاجىتى يوق بولاتتى، ئەلۋەتتە. «كۈن قىيامىدا» پادىسى ھېچ كۆچمەي، مۇقىم بىر جايدا مىدىرلىماي يېتىشى مۇمكىن.
—**«...يېنىدا چۈمپەردىلىك ئاياللاردەك يۈرۈشۈمنىڭ نېمە ھاجىتى؟»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «نېمىشقا تېنەپ كەتكەن بىرسىدەك چۆرگىلەپ يۈرەي؟»».

پادامنىڭ باسقان ئىزلىرىنى بىسىپ مېڭىپ،
پادىچىنىڭ چېدىرى يېنىدا ئۆز ئوغلاقلىرىڭنى ئوزۇقلاندۇرغىن».

## ئىككىنچى ئويلىنىش — توي زىياپىتىدىكى داستىخان ئۈستىدە بولغان ئويلار
## سۇلايمان شۇلامىتقا سۆز قىلىدۇ

9 «ئى سۆيۈملۈكۈم، مەن سىنى پىرەۋننىڭ جەڭ هارۋىلىرىغا قېتىلغان
بىر بايتالغا ئوخشاتتىم؛
10 سېنىڭ مەڭىزلىرىڭ تىزىلغان مونچاقلار بىلەن،
بويىنۇڭ مارجانلار بىلەن گۈزەلدۇر.
11 بىز ساڭا كۈمۈش كۆزلەر قويۇلغان،
ئالتۇندىن زىبۇ-زىننەتلەرنى ياساپ بېرىمىز».

---

8:1 **«ئى قىز-ئاياللار ئارىسىدىكى ئەڭ گۈزىلى، ئەگەر سەن بۇنى بىلمىسەڭ،...»** — بەزى ئالىملار، بۇ جاۋابنى «يېرۇسالېمنىڭ قىزلىرى» بەرگەن، دەپ قارايدۇ. **«پادىچىنىڭ چېدىرى يېنىدا ئۆز ئوغلاقلىرىڭنى ئوزۇقلاندۇرغىن»** — ياكى «پادىچىلارنىڭ چېدىرلىرى يېنىدا ئۆز ئوغلاقلىرىڭنى ئوزۇقلاندۇرغىن».

— 8-ئايەتنىڭ شەرھى: بۇ ئايەتنى شەرھلەش تەس. بىزنىڭچە مەنىسى بەلكىم تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ. سۇلايمان پادىشاھنىڭ جاۋابىنىڭ كۆچمە مەنىسى بار. پادىشاھنىڭ «مېنىڭ پادام»ى قويلار ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەھۇدىي خەلقى، «پادامنىڭ ئىزلىرى» بولسا پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ھېيت-بايرام ۋاقىتلىرىدا يېرۇسالېمغا چىققان ئىزلىرىدۇر، دېمەكچى. شۇڭا جاۋابىنىڭ كۆچمە مەنىسى: «سەن ماڭا تېگەي دېسەڭ، ئەمدى ئۆز يۇرتۇڭنى تاشلاپ، يات يۇرتتا، يات ئەھۋالدا، يەنى پايتەخت يېرۇسالېمدا (سۇلايماننىڭ «چېدىرى»دا، يەنى ئۇنىڭ ئوردىسىدا، دېمەك) تۇرۇشقا رازى بولۇشۇڭ كېرەك» دېگەنلىكتۇر. «ئۆز ئوغلاقلىرىڭنى ئوزۇقلاندۇرغىن» دېگەن سۆز، بەلكىم «ماڭا تەگسەڭ، سېنىڭمۇ «باشقىلارنى بېقىش» مەسئۇلىيىتىڭ بولىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

11:1 **«9-11-ئايەت شەرھى»** — قەدىمكى زامانلاردا، ئوتتۇرا شەرقتىكى مەملىكەتلەردە ئاتلار ئىنتايىن قەدىرلىنىپ، «ئۇلاغ» ئورنىدا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ ھەمراھى دەپ قارالغان؛ سۇلايمان ئۆزى ئاتلارغا بەك ئامراق ئىدى. مىسىرنىڭ ئاتلىرى بولسا ئەڭ ئېسىل ئىدى؛ پىرەۋننىڭ ئاتلىرى مىسىرنىڭ ئەڭ ئېسىل ئېتى بولۇپ، چىرايلىق جابدۇلاتتى، ئەلۋەتتە.
—شۇنىڭدەك ئايەتنىڭ يەنە بىر نۇسقىسى بار؛ مىسىردىكى جەڭ ھارۋىلىرىنى تارتقان ئاتلار ئادەتتە بايتاللار ئەمەس، ئايغىرلار ئىدى؛ شۇڭا سۇلايمان بۇ ئوخشىتىشى بىلەن، بەلكىم ئۆزىنىڭ شۇلامىت بىلەن بىللە بولغىنىدىن ھاياجانلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## شۇلامىت سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ

12 «پادىشاھ توي داستىخىنىدا ئولتۇرغىنىدا، سۇمبۇل مەلھىمىم پۇراق
چاچىدۇ؛
13 مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم، ئۇ ماڭا بىر مونەك مۇرمەككىدۇر،
ئۇ كۆكسلىرىم ئارىسىدا قونۇپ قالىدۇ؛
14 مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم ماڭا ئەن-گەدىدىكى ئۈزۈمزارلاردا ئۆسكەن بىر
غۇنچە خېنە گۈلىدەكتۇر».

## ئۈچىنچى ئويلىنىش — توي ھۇجرىسىدا بولغان ئويلار 15:1-7:2
## سۇلايمان شۇلامىتقا سۆز قىلىدۇ

15 «مانا، سەن گۈزەل، ئامرىقىم!
مانا، سەن شۇنداق گۈزەل!
كۆزلىرىڭ پاختەكلەرنىڭكىدەكتۇر!»

---

12:1 **«سۇمبۇل مەلھىمىم پۇراق چاچىدۇ»** — «سۇمبۇل» ئوتتۇرا شەرقتىكى ناھايىتى خۇشپۇراقلىق بىرخىل ئۆسۈملۈك.

13:1 **«مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم، ئۇ ماڭا بىر مونەك مۇرمەككىدۇر»** — «مۇرمەككى» بىرخىل ئەتىر. ئاياللار ئۇنى كىچىككىنە بىر مونەك قىلىپ باغلاپ بويىنىغا ئېسىپ قويسا، ئۇ پۈتۈن كۈن خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ.

14:1 **«... ئەن-گەدىدىكى ئۈزۈمزارلاردا ئۆسكەن بىر غۇنچە خېنە گۈلىدەكتۇر»** — قانائاندا (پەلەستىندە) «ئەن-گەدى»نىڭ ئۈزۈمزارلىرى ئەڭ ئېسىلدۇر.

15:1 **«15-ئايەت شەرھى»** — «كۆزلىرىڭ پاختەكلەردەك گۈزەل» — ياكى «كۆزلىرىڭ پاختەكلەرنىڭكىدەك گۈزەل»؛ ياكى «پاختەكلەرنىڭ گۈزەل تەبىئىتى ئەكس ئەتكەندەك» ياكى «پاختەكلەرنىڭ قاناتلىرى جەۋلان قىلغاندەك شۇلامىتنىڭ كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى»، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بار. ئوتتۇرا شەرقتە قىزلار بۇگۈنگە قەدەر يۈز قىسمىدىن سىرت بەدىنىنىڭ باشقا جايلىرىنى دېگۈدەك كىيىم-كېچەك بىلەن ئورىۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن، قىز-يىگىتلەر بىر-بىرى بىلەن سۆزلەشكەندە قىزنىڭ كۆزلىرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە.
—ئىزاھات: — مۇشۇ ئايەتتە ۋە تۆۋەندە، «ئامرىقىم» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا دوستلۇق دېگەن ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇلامىت سۇلايماننى ۋە سۇلايمان شۇلامىتنى بۇ سۆز بىلەن ئۆزئارا «دوست» دەپ ئاتايدۇ. دوستلۇق ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى؛ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇنىڭ ئۈستىدە توختىلىمىز.

## شۇلامىت سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ

[16] «مانا، سەن گۈزەل، سۆيۈملۈكۈم؛
بەرھەق، يېقىملىق ئىكەنسەن؛
بىزنىڭ ئورۇن-كۆرپىمىز يېشىلدۇر؛
[17] ئۆيىمىزدىكى لىملار كېدىر دەرىخىدىن،
ۋاسىلىرىمىز ئارچىلاردىندۇر.

## داۋامى

2 [1] مەن بولسام شارون ئوتلىقىدىكى زەپىران، خالاس؛
جىلغىلاردا ئۆسكەن بىر نىلۇپەر، خالاس!»

## سۇلايمان شۇلامىتقا جاۋاب بېرىدۇ

[2] «تىكەن-جىغانلار ئارىسىدىكى نىلۇپەردەك،
مانا ئىنسان قىزلىرى ئارىسىدا مېنىڭ ئامرىقىم شۇنداقتۇر!».

## شۇلامىت سۇلايمان توغرۇلۇق سۆز قىلىدۇ

[3] «ئورمانىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدا ئۆسكەن ئالما دەرىخىدەك،
ئوغۇل باللار ئارىسىدىدۇر مېنىڭ ئامرىقىم.

1:2 **«1:16-2:1-ئايەت شەرھى»** ــ ئۆي-ھوجرا بايان قىلىنغان سۆزلەرگە قارىغاندا، سۇلايمان شۇلامىت ئۈچۈن ئۆز يۇرتىنى ئەسلىتىدىغان ئالاھىدە بىر ئۆيىنى ياكى ھوجرىنى ياسىغان (شۇلامىت گالىلىيەلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يۇرتىدا كېدىر، ئارچا ۋە قارىغاي دەرەخلىرى كۆپ ئىدى). باشقا بەزى ئالىملار بۇ ئايەتلەرنى، سۇلايمان بىلەن شۇلامىتنىڭ ئورمانلار ئارىسىدا مۇھەببەتلەشكىنىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق يېرۇسالېم ئەتراپىدا مۇنداق كېدىر، ئارچا ئورمانلىرى يوق ئىدى.
—ئاخىردا شۇلامىت ئۆزىنى «بەك ئاددىي» دەپ ھېس قىلىپ، ئۆزىنى ئوتلاقتا بولىدىغان كىچىك ھەم «ئاددىي» ئىككى گۈلگە ئوخشىتىدۇ.
2:2 **«2-ئايەت شەرھى»** ــ سۇلايمان شۇلامىتنىڭ ئوخشىتىشىنى تىلغا ئېلىپ، ئەسىچە بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن زەپىران ياكى نىلۇپەر «ئاددىي» بولسىمۇ، ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى:
ــ «ماڭا نىسبەتەن سېنىڭ تەڭدىشىڭ يوق، باشقا قىزلارنى سەن بىلەن (تىكەنلەر ۋە نىلۇپەر ئوتتۇرىسىدىكىدەك) ھېچقانداق سېلىشتۇرغۇچىلىكى يوقتۇر».

**ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدا دىلىم ئالەمچە سۆيۈنۈپ ئولتۇردۇم؛**
**ئۇنىڭ مېۋىسى ماڭا شېرىن تېتىدى؛**
4 **ئۇ مېنى شارابخانىغا ئېلىپ كىردى؛**
**ئۇنىڭ ئۈستۈمدە كۆتۈرگەن تۇغى مۇھەببەتتۇر.**
5 **مېنى كىشمىش پوشكاللار بىلەن قۇۋۋەتلەڭلار؛**
**ئالمىلار بىلەن مېنى يېڭىلاندۇرۇڭلار؛**
**چۈنكى مۇھەببەتتىن زەئىپلىشىپ كەتتىم؛**
6 **ئۇنىڭ سول قولى بېشىم ئاستىدا،**
**ئۇنىڭ ئوڭ قولى مېنى سىلاۋاتىدۇ.**
7 **ئى يېرۇسالېم قىزلىرى،**
**جەرەنلەر ۋە دالادىكى ماراللارنىڭ ھۆرمىتى بىلەن،**
**سىلەرگە تاپىلايمەنكى،**
**مۇھەببەتنىڭ ۋاقىت-سائىتى بولمىغۇچە،**
**ئۇنى ئويغاتماڭلار، قوزغىماڭلار!»**

---

**3:2** كۈي. 5:8

4:2 **«ئۇنىڭ ئۈستۈمدە كۆتۈرگەن تۇغى مۇھەببەتتۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ ماڭا مۇھەببەت بىلەن قارىدى».

5:2 **«مېنى كىشمىش پوشكاللار بىلەن قۇۋۋەتلەڭلار؛ ئالمىلار بىلەن مېنى يېڭىلاندۇرۇڭلار»** ــ قەدىمكى زامانلاردا كىشمىش پوشكاللار ۋە ئالمىلار جىنسىي مۇھەببەتنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە، دەپ قارىلاتتى.

7:2 **«مۇھەببەتنىڭ ۋاقتى-سائىتى بولمىغۇچە، *ئۇنى ئويغاتماڭلار، قوزغىماڭلار!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ۋاقتى-سائىتى بولمىغۇچە، سۆيۈملۈكۈمنى ئويغاتماڭلار، قوزغىماڭلار! **«3-7-ئايەت شەرھى»** ــ 3-ئايەتتە شۇلامىت سۇلايماننىڭ تەرىپلىرىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇنى «»گە ئوخشىتىدۇ. ئالما دەرىخى ئەسلى پەلەستىن زېمىنىدا ئۆسمەيدۇ، پەقەت باشقا يۇرتلاردىن ئېلىپ كېلىنىپ بەزى يەرلەردە ئالاھىدە تىكىلگەن. شۇڭا ئالما دەرىخى ناھايىتى ئەتىۋارلىق ئىدى، كۆرگەنلا ئادەمنى ئىنتايىن خۇش قىلىۋېتەتتى. بەزى ئالىملار «ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدا دىلىم ئالەمچە سۆيۈنۈپ ئولتۇردۇم، ئۇنىڭ مېۋىسى ماڭا شېرىن تېتىدى» دېگىنى شۇلامىتنىڭ سۇلايمان بىلەن بولغان جىنسىي مۇھەببەتلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. باشقىلار بۇنى مۇھەببەتنىڭ ھەر تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئالما مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى؛ «كىشمىش پوشكاللار» دېگىنى بولسا، جىنسىي مۇھەببەتنى قوزغايدىغان يېمەكلىك ھېسابلىناتتى.

## ئىككىنچى خاتىرە: مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن كۈنلەر ئۈستىدىكى
## ئۇيلار 2:8-3:5

## تۆتىنچى ئويلىنىش ــ سۇلايماننىڭ ئەتىيازدا شۇلامىتنى
## يوقلاپ كەلگىنى توغرۇلۇق ئويلار 2:8-2:9
## شۇلامىت سۇلايمان توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ

8 «سۆيۈملۈكۈمنىڭ ئاۋازى!
مانا، ئۇ كېلىۋاتىدۇ!
تاغلاردىن سەكرەپ، ئېدىرلاردىن ئويناقلاپ كېلىۋاتىدۇ!
9 مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم جەرەن ياكى ياش بۇغىدەكتۇر؛
مانا، ئۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ تېمىنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ؛
ئۇ دېرىزىلەردىن قارايدۇ،
ئۇ پەنجىرە-پەنجىرىلەردىن ماراپ باقىدۇ».

## سۇلايمان شۇلامىتقا سۆز قىلىدۇ

10 «مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم ماڭا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ
«ئورنۇڭدىن تۇر، ئامرىقىم، مېنىڭ گۈزىلىم، مەن بىلەن كەتكىن؛

---

— 7-ئايەت (مۇھەببەتنىڭ ۋاقتى-سائىتى توغرىسىدا) ئۈستىدە ئۈچ مۇھىم پىكىر بار:
—(1) مۇھەببەتنىڭ ئۆز تەبئىي جەريانى بولىدۇ، باشقىلار ئۇنى بالدۇر قوزغىماقچى بولسا زىيان يەتكۈزىدۇ؛
—(2) (ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە) ئۆز جورىسىدا قىزغىن مۇھەببەتنى قوزغىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دەخلى قىلىشقا بولمايدۇ؛
—(3) جىنسىي مۇھەببەتكە قانائەت قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنى قوزغاشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ «ئىمكانىيەت» (ئا) پەقەت نىكاھ قىلىنغان ئەھۋالدا بولۇشى (ئە) ئىككى تەرەپكە مۇۋاپىق ۋاقىت بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.
—بىزنىڭچە ئايەت بەلكىم بۇ ئۈچ مەنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
9:2 **«8-9-ئايەت شەرھى»** ــ مۇشۇ ئايەتلەردە (8-9) شۇلامىت بەلكىم سۇلايماننىڭ كۆڭلى ئۆزىگە چۈشكەن، ئۆزىنى «جەرەن، بۇغا»نىڭ سۈرئىتىدە قوغلىغان كۈنلەرنى ئەسلەيدۇ. سۇلايمان شۇلامىتنى يوقلىغىلى، ئۇنىڭ بىلەن ئەتىيازلىق مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىشقا ھەمراھ بولۇشقا تەكلىپ قىلغىلى كەلدى (تۆۋەندىكى 10-17-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).
—جەرەنلەر، بۇغىلارمۇ كونا زامانلاردا مۇھەببەتنىڭ سىمۋوللىرى ئىدى.

[11] چۈنكى مانا، قىش ئۆتۈپ كەتتى،
يامغۇر يېغىپ تۈگىدى، ئۇ كېتىپ قالدى؛
[12] يەر يۈزىدە گۈللەر كۆرۈندى؛
ناخشىلار سايراش ۋاقتى كەلدى،
زېمىنىمىزدا پاختەكنىڭ ساداسى ئاڭلانماقتا؛
[13] ئەنجۈر دەرىخى قىشلىق ئەنجۈرلىرىنى پىشۇرماقتا،
ئۈزۈم تاللىرى چېچەكلەپ ئۆز پۇرىقىنى چاچماقتا؛
ئورنۇڭدىن تۇر، مېنىڭ ئامرىقىم، مېنىڭ گۈزىلىم، مەن بىلەن كەتكىن!
[14] ئاھ مېنىڭ پاختىكىم، قورام تاش يېرىقى ئىچىدە،
قىيا داldىسىدا،
ماڭا ئاۋازىڭنى ئاڭلاتقايسەن،
چۈنكى ئاۋازىڭ شېرىن، جامالىڭ يېقىملىقتۇر!»

## شۇلامىت سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ

[15] «تۈلكىلەرنى تۇتۇۋالايلى،
يەنى ئۈزۈمزارلارنى بۇزغۇچى كىچىك تۈلكىلەرنى تۇتۇۋالايلى؛
چۈنكى ئۈزۈمزارلىرىمىز چېچەكلىمەكتە».

14:2 «12-14-ئايەت شەرھى» — سۇلايمان گالىلىيەدىكى ئىشلىرىنى قويۇپ قويۇپ، شۇلامىتنى يەنە يوقلاپ بېرىپ، ئۇنى ئەتىيازلىق مەنزىرىدىن بىللە ھۇزۇرلىنىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. يېڭىلا ئۆتۈپ كەتكەن قىش بولسا ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى قىلچە سوۋۇتمىدى.
— 12-ئايەت ئۇستىدە؛ «سايراش ۋاقتى كەلدى» دېگەن ئىبارە ئىككى بىسلىق بولۇپ، ئىككىنچى مەنىسى: «چاتاش ۋاقتى كەلدى». بۇ ئىككى بىسلىقلىقى بەلكىم قەستەن ئىشلىتىلگەن.
— 13-ئايەت ئۇستىدە؛ پاختەكلەر ئىنسانغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇلايىم قۇش دەپ ھېسابلىنىدۇ، بىراق «تارتىنچاق» بولىدۇ. سۇلايمان شۇلامىتنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى «قورام تاش يېرىقى ئىچىدە تۇرغان پاختەك»كە ئوخشىتىدۇ. ئۇ سۇلايماننىڭ مۇھەببىتى ئىچىدە مۇتلەق بىخەتەر؛ ئۇ ھەرگىز سۆزلىرىدىن رەنجىمەيدۇ. ئۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندە كۆرۈلىدۇ (15-ئايەت).
15:2 «15-ئايەت شەرھى» — تۈلكىلەر ئۈزۈمزارلاردا تۆشۈكلەرنى ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە كولاپ، ئۈزۈم ئىزدەپ تال يىلتىزلىرىغا كۆپ زىيان يەتكۈزىدۇ. بىراق بۇ يەردىكى «ئۈزۈمزار»، شۈبھىسىزكى، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە بەزى توسالغۇ ياكى دەخلى بولغان

## شۇلامىت يېرۇسالېم قىزلىرىغا سۆز قىلىدۇ

[16] «سۆيۈملۈكۈم مېنىڭكىدۇر، مەن ئۇنىڭكىدۇرمەن؛
ئۇ نىلۇپەرلەر ئارىسىدا پادىسىنى بېقىۋاتىدۇ».

## شۇلامىت سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ

[17] «تاڭ ئاتقۇچە،
كۆلەڭگىلەر قېچىپ يوقىغۇچە،
ماڭا قاراپ بۇرۇلۇپ كەلگىن، ئى سۆيۈملۈكۈم،
ھىجرانلىق تاغلىرى ئۈستىدىن سەكرەپ كېلىدىغان جەرەن ياكى بۇغىدەك بولغىن!».

---

ئىشلارنى بايقاپ، دەرھال بۇ ئىشلارنى (مەيلى «كىچىك» بولسىمۇ) بىر تەرەپ قىلايلى دەپ ئۆتۈنىدۇ. ئۇلار شۇ چاغدا تېخى ئەر-خوتۇن بولمىسىمۇ، بۇنداق توسالغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش بالدۇرلۇق قىلمايتتى.
—ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە توسالغۇ بولغان ناھايىتى چوڭ بىر ئىش سۇلايماننىڭ ئۆز خىزمىتى ۋە ئېغىر مەسئۇلىيىتى بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇلامىت «ئۆزۈم سۇلايماننى بۇ خىزمىتىنى خاتىرجەملىك بىلەن ئورۇنداشقا تولۇق قويۇۋېتىشىم كېرەك» دەپ چۈشىنىدۇ. «نېمىشقا سەن شۇنچە كۆپ ۋاقىت ئىشلەيسەن، سەن ماڭا ۋاقتىڭنى ئاجراتمايسەن، سەن مېنى سۆيمەيسەن» دېگەندەك پوزىتسىيە كۆپ ئەر-خوتۇنلارنىڭ مۇھەببىتىنى بۇزۇپ كەلمەكتە. شۇڭا تۆۋەندىكى 16-ئايەتتە، بىز سۇلايماننىڭ ئۆز خىزمىتىنى خاتىرجەملىك بىلەن قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. شۇلامىت ئۇنى: «ئىش بىلەن ئالدىراش بولغىنىڭ بىلەن، سەن يەنىلا مېنى سۆيىسەن!» دېگەندەك تولۇق ئىشەنچ بىلەن سۇلايماننى ئۆز ئىشىغا قويۇۋەتكەن ئوخشايدۇ.
16:2 **«16-ئايەت شەرھى»** — شۇلامىت يېرۇسالېم قىزلىرىغا، ئۆزىنىڭ سۇلايماننىڭ مۇھەببىتى ئىچىدە «قورام تاش يېرىقى ئىچىدە تۇرغان پاختەك»تەك تولىمۇ بەختىيار ئىكەنلىكى توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بېرىدۇ. سۇلايمان ئۆزىنىڭ «پادا بېقىش» ئىشلىرى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىدۇ.
17:2 **«17-ئايەت شەرھى»** — يۇقىرىقى ئايەتتە بىز «مۇھەببەتنىڭ ئىشەنچى»نى كۆردۇق. ھازىر «مۇھەببەتنىڭ جىددىي تەلپى»نى كۆرىمىز — خۇددى «تېزراق ئىشىڭنى تۈگىتىپ يېنىمغا قايتىپ كەل!» دېگەندەك.
—ئىبرانىيچە: «ھىجرانلىق تاغلىرى ئۈستىدىن...» ياكى ««بېتەر» تاغلىرى ئۈستىدىن...». «بېتەر تاغلىرى» دېگەن تاغلار بىزگە نامەلۇم؛ شۇڭا تەرجىمىمىزدىكىدەك «ئايرىۋېتىش» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

## بەشىنچى ئويلىنىش ـــ شۇلامىت قايتا-قايتا كۆرگەن «ئايرىلىش» توغرۇلۇق بىر چۈش 3:1-3:5

3 [1] «ئورۇن-كۆرپەمدە يېتىپ، كېچە-كېچىلەردە،
جېنىمنىڭ سۆيگىنىنى ئىزدەپ تەلمۈرۈپ ياتتىم؛
ئىزدىدىم، بىراق تاپالمايتتىم؛
[2] مەن هازىر تۇرۇپ، شەھەرنى ئايلىناي؛
كوچىلاردا، مەيدانلاردا،
جېنىمنىڭ سۆيگىنىنى ئىزدەيمەن» ـ دېدىم؛
ئىزدىدىم، بىراق تاپالمايتتىم؛
[3] شەھەرنى چارلىغۇچى جېسەكچىلەر ماڭا ئۇچرىدى، مەن ئۇلاردىن: ـ
«جېنىمنىڭ سۆيگىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟» ـ دەپ سورىدىم.
[4] ـ ئۇلاردىن ئايرىلىپلا جېنىمنىڭ سۆيگىنىنى تاپتىم؛
ئۇنى ئانامنىڭ ئۆيىگە،
ئۆز قورسىقىدا مېنى ھامىلىدار بولغانىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرمىگۈچە،
ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قەتئىي قويۇپ بەرمەيتتىم».

**1:3** توپ. 3:5

**4:3** **«1-4-ئايەت شەرھى»** ـــ بىرىنچىدە 1-4-ئايەتلەر شۇلامىت سۇلايماندىن ئايرىلغان ۋاقىتتا قايتا-قايتا («كېچە-كېچىلەردە») كۆرگەن بىر چۈشنى بىلدۈرىدۇ (قىشتا بولۇشى مۇمكىن). بۇ كۆزقاراش توغرا بولسا مۇشۇ ئايەتلەردىن بىز «مۇھەببەتنىڭ ئازابلىرى»نى كۆرىمىز. سۇلايماندىن ئايرىلىش شۇلامىت ئۈچۈن ئازابلىق ئىش بولۇپ، بۇ چۈشنى قوزغاپ چىقاردى. بىراق بۇ چۈش يەنىلا خۇدادىن كەلگەن ئوخشايدۇ، چۈنكى تۆۋەندىكى 6-11-ئايەتلەردە، سۇلايماننىڭ ئۇنى تويغا ئېلىپ كېتىشكە كەلگەنلىكى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

—بۇ چۈشتىن يەنە شۇنى بىلەلەيمىزكى، شۇلامىت گالىلىيەدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، سۇلايمان ئۆزىدىن ۋاقىتلىق (قىشتا) ئايرىلغان ۋاقىتتا، چوڭقۇر ئويلىنىدۇ ۋە يېرۇسالېمدا ئۇچرايدىغان بارلىق سىناقلارغا يۈزلىنىشكە تەييار تۇرىدۇ. ئۇ سۇلايمانغا ياتلىق بولۇشقا تەييار ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ سۇلايمان بىلەن توي قىلىپ، يېرۇسالېمدا تۇرغاندا ئۇنى: «ئۇ پەقەت «پاھىشە ئايال»دەك سۇلايماننىڭ بايلىقلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياتلىق بولغان، خالاس، دېگۈچىلەرمۇ ئاز بولمايدۇ. چۈشتە كۆرۈلگەن «جېسەكچىلەر» شۇنداق گۇماندا بولغان كىشىلەرگە ۋەكىل بولۇشى مۇمكىن. لېكىن چۈشتە ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان گۇمانلىرىغا پىسەنت قىلماي، يەنىلا سۇلايماننى ئىزدەيدۇ.

— 3- ۋە 4-ئايەتتە شۇلامىتنىڭ چۈشىدە تارتقان دەردى كۆرۈنىدۇ: خۇددى ئۇ: «يارىمنى تاپاي

## شۇلامىت يېرۇسالېم قىزلىرىغا سۆز قىلىدۇ

5 «ئى يېرۇسالېم قىزلىرى،
جەرەنلەر ۋە دالادىكى مارالاللارنىڭ ھۆرمىتى بىلەن،
سىلەرگە تاپىلايمەنكى،
مۇھەببەتنىڭ ۋاقىت-سائىتى بولمىغۇچە،
ئۇنى ئويغاتماڭلار، قوزغىماڭلار».

## ئۈچىنچى خاتىرە: ئەر-ئايال بولۇپ بىرلىشىش ئۈستىدىكى ئويلىنىشلار 3:6-5:1

## ئالتىنچى ئويلىنىش ـــ تويغا سەپەر 3:6-11

## يېرۇسالېم قىزلىرى سۆز قىلىدۇ

6 «بۇ زادى كىم، چۆل-باياۋاندىن كېلىۋاتقان؟
ئىس-تۈتەك تۈۋرۈكلىرىدەك،
مۇرمەككى ھەم مەستىكى بىلەن پۇرىتىلغان،
ئەتىرپۇرۇشنىڭ ھەرخىل ئىپار-ئەنبەرلىرى بىلەن پۇرىتىلغان؟»

## شۇلامىت قىزلارغا جاۋاب بېرىدۇ

7 «مانا، ئۇنىڭ تەختىراۋانى،
ئۇ سۇلايماننىڭ ئۆزىنىڭكىدۇر؛
ئەتراپىدا ئاتمىش پالۋان يۈرىدۇ،

---

دەپ شەھەرنى ئايلىناي» دېگىنىدەك، لېكىن نەتىجىسى ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭغا «شەھەرنى ئايلىنىدىغان» كۆزەتچىلەر ئۇچراپ قالىدۇ (ئىبرانىي تىلىدا «تاپتى»). بەلكىم چۈشىدە ئۇلار شۇلامىتتىن: «نېمىشقا بۇ قىز تۈن كېچىدە ئايلىنىدۇ؟ پاھىشە ئايال ئوخشايدۇ» دەپ گۇمانلانغان بولۇشى مۇمكىن (بۇنداق ئىش ئىككىنچى قېتىم چۈشىدە يەنە كۆرۈنىدۇ ــ 5-باب، 2-7-ئايەتلەردە).

5:3 **«5-ئايەت شەرھى»** ــ شۇلامىت مۇھەببەتنىڭ دەردىنى تېتىپ باققاندىن كېيىن، «مۇھەببەتنىڭ ۋاقىت-سائىتى»نىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ بىلىپ يەتتى.

6:3 **«6-ئايەت شەرھى»** ــ بۇ ئايەت سۇلايماننىڭ شۇلامىتنى يۇرتى گالىلىيەدىن تويغا ئېلىپ كېلىشىنى، يەنى سۇلايمان ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ، يېرۇسالېمغا سەپەر قىلغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك (7-ئايەتنى كۆرۈڭ).

ئۇلار ئىسرائىلدىكى باتۇرلاردىندۇر.
8 ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قىلىچى تۇتۇقلۇق،
جەڭ قىلىشقا تەربىيىلەنگەنلەردۇر؛
تۈنلەردىكى ۋەسۋەسىلەرگە تەييار تۇرۇپ،
ھەممىسى ئۆز قىلىچىنى يانپىشىغا ئاسىدۇ».

## شۇلامىت سۆزلىرىنى داۋام قىلىدۇ ــ سۇلايماننىڭ توي كېچىسىگە تەييارلىغان كارىۋىتى

9 «سۇلايمان پادىشاھ ئۆزى ئۈچۈن ئالاھىدە بىر شاھانە سايىۋەنلىك كارىۋات ياسىغان؛
لىۋاندىكى ياغاچلاردىن ياسىغان.
10 ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرى كۈمۈشتىن،
يۆلەنچۈكى ئالتۇندىن،
سېلىنچىسى بولسا سۆسۈن رەختتىن؛
ئىچى مۇھەببەت بىلەن بېزەلگەن،
يېرۇسالېم قىزلىرى تەرىپىدىن.
11 چىقىڭلار، ئى زىئون قىزلىرى،
سۇلايمان پادىشاھقا قاراپ بېقىڭلار،
توي بولغان كۈنىدە،
كۆڭلى خۇشال بولغان كۈنىدە،
ئانىسى ئۇنىڭغا تاجنى كىيگۈزگەن قىياپەتتە ئۇنىڭغا قاراپ بېقىڭلار!»

8:3 **«7-8-ئايەت شەرھى»** ــ سۇلايمان شۇلامىتنى يېرۇسالېمغا، يەنى تويغا بىخەتەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، شۇ ئاتمىش لەشكىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە تەختىراۋان بىلەن كەلگەن.
11:3 **«9-11-ئايەت شەرھى»** ــ يەھۇدىيلارنىڭ تويلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تويىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاساسەن 5 باسقۇچى بار: ــ
ــ(1) توختام ــ ئادەتتە يىگىتنىڭ ئەلچىسى ۋە قىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن توختام تۈزىدۇ. سۇلايمان ئۆز-ئۆزىگە ئەلچى بولۇپ شۇلامىتنىڭ ئاكىلىرى بىلەن توختام قىلغان ئوخشايدۇ (4-ئويلىنىشنى كۆرۈڭ).

## يەتتىنچى ئويلىنىش ــــ توي كېچىسى
## سۇلايمان شۇلامىتقا سۆز قىلىپ ئۇنى ماختايدۇ

4 [1] «مانا، سەن گۈزەل، سۆيۈملۈكۈم!
مانا، سەن گۈزەل!
چۈمپەردەڭ كەينىدە كۆزلىرىڭ پاختەكلەردەك ئىكەن،
چاچلىرىڭ گىلېئاد تېغى باغرىدا ياتقان بىر توپ ئۆچكىلەردەكتۇر.
[2] چىشلىرىڭ يېڭىلا يۇيۇلۇشتىن چىققان قىرقىلغان بىر توپ قويلاردەك؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوشكېزەك تۇغقانلاردىن،
ئۇلار ئارىسىدا ھېچبىرى كەم ئەمەستۇر.
[3] لەۋلىرىڭ پەرەڭ تال يىپتەك،
گەپلىرىڭ يېقىملىقتۇر؛
چۈمبىلىڭ كەينىدە چېكىلىرىڭ پارچە ئاناردۇر.
[4] بويىنۇڭ بولسا،
قورالخانا بولۇشقا تەييارلىغان داۋۇتنىڭ مۇنارىدەكتۇر،
ئۇنىڭ ئۈستىگە مىڭ قالقان ئېسىقلىقتۇر؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى پالۋانلارنىڭ سىپارلىرىدۇر.

---

—(2) تويغا سەپەر. يىگىت ئۆزى قىزنى تويغا ئاپىرىشقا كېلىدۇ.
—(3) نىكاھ مۇراسىمى (6- ۋە 12-ئويلىنىشنى كۆرۈڭ)
—(4) توي زىياپىتى (بەزى ۋاقىتلاردا بىر ھەپتىگە سوزۇلىدۇ) (1- ۋە 2-ئويلىنىشنى كۆرۈڭ)
—(5) توي كېچىسى (3- ۋە 7-ئويلىنىشنى كۆرۈڭ)
—بەزى ئالىملار، بۇ «كارىۋات»نى سۇلايماننى كۆتۈرىدىغان «تەختىراۋان» ياكى «شاھانە ھارۋا» دەپ قارايدۇ. بىراق بىزنىڭچە بۇ تەختىراۋان يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىبرانىي تىلىدىكى 9-ئايەتتىكى «ئاپپىرىيون» دېگەن، سايىۋەنلىك كارىۋاتنى كۆرسەتسە كېرەك.
1:4 **«چۈمپەردەڭ كەينىدە كۆزلىرىڭ پاختەكلەردەك ئىكەن»** ــ توي قىلىدىغان كۈنىدە قىز چۈمپەردە ئارتىدۇ.
2:4 **«ئۇلار ئارىسىدا ھېچبىرى كەم ئەمەستۇر»** ــ ياكى «ئۇلار ئارىسىدا ھېچبىرى تۇغماستۇر»
4:4 **«قورالخانا بولۇشقا تەييارلىغان داۋۇتنىڭ مۇنارىدەكتۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پەلەمپەيلىك قىلىنغان داۋۇتنىڭ مۇنارىدەكتۇر». —**«ئىزاھات»** ــ كونا زامانلاردا «ۋەتەندىن ئايرىلغان لەشكەرلەر» مەلۇم شەھەرگە ياكى مەملىكەتكە قايىل بولغاندا، شۇ شەھەرگە بولغان

5 ئىككى كۆكسۈڭ خۇددى ئىككى مارالدۇر،
نىلۇپەر ئارىسىدا ئوزۇقلىنىۋاتقان جەرەننىڭ قوشكېزەكلىرىدەكتۇر؛
6 تاڭ ئاتقۇچە،
كۆلەڭگىلەر قېچىپ يوقىغۇچە،
مەن ئۆزۈمنى مۇرمەككە تېغىغا،
مەستىكى دۆڭگە ئېلىپ كېتىمەن.
7 سەن پۈتۈنلەي گۈزەل، ئى سۆيۈملۈكۈم،
سەندە ھېچ داغ يوقتۇر».

## سۇلايماننىڭ تەكلىپى

8 «لىۋاندىن مەن بىلەن كەلگىن، ئى جۆرەم،
مەن بىلەن لىۋاندىن كەلگىن ــ
ئاماناھ چوققىسىدىن قارا،
سېنىر ھەم ھەرمون چوققىلىرىدىن،
يەنى شىرلار ئۇۋىلىرىدىن،
يىلپىزلارنىڭ تاغلىرىدىن قارا!»

---

سادىقلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قالقانلىرىنى شەھەرنىڭ سېپىلىدا ياكى مۇنارلىرىدا ئېسىپ قويياتتى («ئەز.» 11:27نى كۆرۈڭ). شۇڭا سۇلايماننىڭ بۇ سۆزلىرى: «سېنىڭ گۈزەللىكىڭ شۇنداقكى، مىڭ لەشكەرنىڭ قايىللىقىغا، سادىقلىقىغا ئېرىشكۈدەكتۇر» دېگەن مەنىدە. يەنە كېلىپ بەلكىم شۇلامىتنىڭ بويىنىغا كۆپلىگەن مارجانلار ئېسىقلىق بولۇشى مۇمكىن.
—«سىپار» كىچىك قالقاندۇر.
6:4 **«تاڭ ئاتقۇچە، كۆلەڭگىلەر قېچىپ يوقىغۇچە، مەن ئۆزۈمنى مۇرمەككە تېغىغا، مەستىكى دۆڭگە ئېلىپ كېتىمەن»** ــ سۇلايمان بەلكىم پۈتۈن كېچى شۇلامىتنىڭ تولۇق بەدىنىدىن ھۇزۇرلانماقچى.
8:4 **«8-ئايەت شەرھى»** ــ بەزى ئالىملار، بۇ سۆزلەر جىنسىي مۇھەببەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار بولغىنى بىلەن، بىز يەنە بۇ سۆزلەرنى سۇلايماننىڭ سۆيۈملۈكى بىلەن بىللە ئۆز پادىشاھلىقىنىڭ كەڭ زېمىنى ۋە ھەيۋەتتىكە ھەرمون تېغى (پەلەستىندىكى ئەڭ ئېگىز تاغ)نىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن نەزەر سېلىشقا بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن، دەپ قارايمىز. سۇلايماننىڭ بۇ تەكلىپى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ شۇ يەرلەرنى ماكان قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن خەتەرلىك ئىش بولىدۇ، ئەلۋەتتە!
**8:4** يۇھ. 24:17؛ ئەف. 1:15-23

## سۇلايماننىڭ سۆزىنىڭ داۋامى

9 «سەن كۆڭلۈمنى ئالامەت سۆيۈندۈردۈڭ، ئى سىڭلىم، ئى جۆرەم،
كۆزۈڭنىڭ بىر لەپ قىلىپ قارىشى بىلەن،
بوينۇڭدىكى مارجاننىڭ بىر تال ھالقىسى بىلەن،
كۆڭلۈمنى سۆيۈندۈردۈڭ.
10 سېنىڭ مۇھەببىتىڭ نېمىدېگەن گۈزەل،
ئى سىڭلىم، ئى جۆرەم!
سېنىڭ مۇھەببەتلىرىڭ شارابتىن شۇنچە شېرىن!
سېنىڭ ئەتىرلىرىڭنىڭ پۇرىقى ھەرقانداق تېتىتقۇدىن پەيزىدۇر!
11 لەۋلىرىڭ، ئى جۆرەم، ھەرە كۆنىكىدەك تېمىتىدۇ،
تىلىڭ ئاستىدا بال ۋە سۈت بار؛
كىيىم-كېچەكلىرىڭنىڭ پۇرىقى لىۋاننىڭ پۇرىقىدۇر؛
12 سەن پېچەتلەنگەن بىر باغدۇرسەن، ئى سىڭلىم، ئى جۆرەم!
ئېتىكلىك بىر بۇلاق، پېچەتلىك بىر فونتاندۇرسەن.
13 شاخلىرىڭ بولسا بىر ئانارلىق «ئېرەم باغچىسى»دۇر؛
ئۇنىڭدا قىممەتلىك مېۋىلەر،
خېنە سۇمبۇل ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن،

---

10:4 **«سېنىڭ مۇھەببىتىڭ نېمىدېگەن گۈزەل، ئى سىڭلىم، ئى جۆرەم!»** ــ سۇلايمان شۇلامىتنى «سىڭلىم» دەپ چاقىرىدۇ (12-ئايەتتىمۇ): ــ (1) قەدىمكى زاماندىكى بەزى شېئىرلاردا ئاشىق-مەشۇقلار بىر-بىرىنى «ئاكا، سىڭلىم» دەپ چاقىراتتى؛ (2) ئوتتۇرا شەرقتىكى بەزى جەمئىيەتلەردە مۆتىۋەر كىشىلەر ئۆز ئەمرىگە ئالماقچى بولغان قىزغا جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن ئورۇن ئالغۇزۇش ئۈچۈن ياكى نىكاھنى تېخىمۇ «كاپالەتلىك» قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئاۋۋال «سىڭلىم» دەپ «بېقىۋالاتتى».
11:4 **«كىيىم-كېچەكلىرىڭنىڭ پۇرىقى لىۋاننىڭ پۇرىقىدۇر»** ــ «لىۋاننىڭ پۇرىقى» ئورمانلىقلارنىڭ خۇش پۇرىقى، ئەلۋەتتە.
12:4 **«سەن پېچەتلەنگەن بىر باغدۇرسەن، ئى سىڭلىم، ئى جۆرەم! ئېتىكلىك بىر بۇلاق، پېچەتلىك بىر فونتاندۇرسەن»** ــ سۇلايماننىڭ شۇلامىتنى ماختىشى شۇكى، شۇلامىت ئۆزىنى ھېچقانداق باشقا ئادەمگە بەرمەي، پەقەت بولغۇسى ئەر ئۈچۈن پاك ساقلاپ كەلدى.
13:4 **«ئۇنىڭدا قىممەتلىك مېۋىلەر، خېنە سۇمبۇل ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن،...»** ــ ئەتىرلەر توغرۇلۇق: «سۇمبۇل» بىرخىل خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈك.

[14] سۇمبۇللار ۋە ئىپارلار،
كالامۇس ۋە قوۋزاقدارچىن،
ھەرخىل مەستىكى دەرەخلىرى،
مۇرمەككە، مۇئەتتەر بىلەن ھەممە ئېسىل تېتىتقۇلار بار.
[15] باغلاردا بىر فونتان سەن،
ھاياتلىق سۇلىرىنى بېرىدىغان، لىۋاندىن ئاقىدىغان بىر بۇلاقسەن».
[16] «ئويغان، شىمالدىكى شامال؛
كەلگىن، ئى جەنۇبتىكى شامال!
مېنىڭ بېغىم ئۈستىدىن ئۈچۈپ ئۆتكەي؛
شۇنىڭ بىلەن تېتىتقۇلىرى سىرتقا پۇراق چاچىدۇ!
سۆيۈملۈكۈم ئۆز بېغىغا كىرسۇن!
ئۆزىنىڭ قىممەتلىك مېۋىلىرىنى يېسۇن!»

## شۇلامىت سۇلايمانغا جاۋاب بېرىدۇ

5 [1] «مەن ئۆز بېغىمغا كىردىم،
مېنىڭ سىڭلىم، مېنىڭ جۆرەم؛
مۇرمەككەمنى تېتىتقۇلىرىم بىلەن يىغدىم،

---

14:4 **«سۇمبۇللار ۋە ئىپارلار، كالامۇس ۋە قوۋزاقدارچىن، .... مۇرمەككە، مۇئەتتەر بىلەن...»** ــ ئەتىرلەر توغرۇلۇق: «كالامۇس» بىرخىل قومۇشقا ئوخشايدىغان ئۆسۈملۈكتىن چىقىدۇ. «مۇرمەككە» ۋە «قوۋزاقدارچىن» ئادەتتە مەلۇم دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىدىن ئېلىنىدۇ. «مۇئەتتەر» بىرخىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن ئېلىنىدۇ.
15:4 **«لىۋاندىن ئاقىدىغان بىر بۇلاقسەن»** ــ ياكى «لىۋاندىن ئاقىدىغان بىر قۇدۇقسەن».
—**«9-15-ئايەت شەرھى»** ــ 11-15-ئايەتلەردە سۇلايمان سۆيۈملۈكىنى چىرايلىق باغچىغا، ھەتتا «ئېرەم باغچىسى» («بېھىش»)نىڭ ئۆزىگە ئوخشىتىدۇ. ئۇ يەنە شۇلامىتنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن ھۇزۇرلانماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
16:4 **«16-ئايەت شەرھى»** ــ شۇلامىت سۇلايماننىڭ دېگىنىدەك ئۆزىنى ئۇنىڭغا تولۇق بەرمەكچى بولۇپ، مۇھەببەتلىشىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. «شىمال شاملى» بولسا سالقىن، ئادەمنى يېڭىلاندۇرىدۇ؛ «جەنۇب شاملى» بولسا ئادەمنى ئىللىتىپ راھەت بېرىدۇ. (پەلەستىن ئۈچۈن «شەرق شاملى» قورقۇنچلۇق، ھەممە نەرسىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ).

ھەرە كۆنىكمنى ھەسلىم بىلەن يېدىم؛
شارابىمنى سۈتلىرىم بىلەن ئىچتىم».

«دوستلىرىم، يەڭلار!
ئىچىڭلار، كۆڭلۈڭلەر خالىغانچە ئىچىڭلار، ئى ئاشىق-مەشۇقلار!»

## ئىككىنچى قىسىم 2:5-14:8
## ئەر-ئاياللىق مۇھەببەتتىكى ياخشىلىنىشلار — مۇھەببەتنىڭ يېڭى ئىپادىلىرى
## تۆتىنچى خاتىرە — مۇھەببەتنى رەت قىلىش توغرىسىدىكى بىر چۈش — ئۇ توغرۇلۇق ئويلىنىشلار 2:5-9:6
## سەككىزىنچى ئويلىنىش — شۇلامىتنى باسقان قورقۇنچلۇق چۈش 2:5-3:6
## شۇلامىت سۆز قىلىدۇ — ئۇنى قارا باسىدۇ

[2] «مەن ئۇخلاۋاتاتتىم، بىراق كۆڭلۈم ئويغاق ئىدى: —

سۆيۈملۈكۈمنىڭ ئاۋازى!
مانا، ئۇ ئىشىكنى قېقىۋاتىدۇ: —
«ماڭا ئېچىپ بەر، ئى سىڭلىم، ئى ئامرىقىم؛
مېنىڭ پاختەكىم، مېنىڭ غۇبارسىزىم؛
چۈنكى بېشىم شەبنەم بىلەن،

1:5 **«مەن ئۆز بېغىمغا كىردىم، ... مۇرمەككەمنى تېتىتقۇلىرىم بىلەن يىغدىم، ھەرە كۆنىكمنى ھەسلىم بىلەن يېدىم؛ شارابىمنى سۈتلىرىم بىلەن ئىچتىم»** — سۇلايمان شۇلامىتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تولۇق مۇھەببەتلىشىدۇ. **«دوستلىرىم، يەڭلار! ئىچىڭلار، كۆڭلۈڭلەر خالىغانچە ئىچىڭلار، ئى ئاشىق-مەشۇقلار!»** — بۇ سۆزلەرنى بەلكىم يېرۇسالېم قىزلىرىنىڭكىدۇر. ئۇلار (ياكى توي قولداشلىرى) ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەتتىن ھۇزۇرلىنىشلىرىنى تولۇق قوللايدۇ. ئۇلارنىڭ (يېرۇسالېم قىزلىرىنىڭ) قوللىشى بىلەن خۇدانىڭ ھەربىر ئەر-ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببىتىنى، جۈملىدىن جىنسىي مۇھەببىتىنى تەستىقلايدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئۆزى بۇ ئىشلارنى ياراتقان.

چاچلىرىم كېچىدىكى نەملىك بىلەن ھۆل-ھۆل بولۇپ كەتتى!»

3 «مەن تۆشەك كىيىملىرىمنى سېلىۋەتكەن،
قانداقمۇ ئۇنى يەنە كىيىۋالاي؟
مەن پۇتلىرىمنى يۇدۇم،
قانداقمۇ ئۇلارنى يەنە بۇلغاي؟»
4 سۆيۈملۈكۈم قولىنى ئىشىك تۆشۈكىدىن تىقتى؛
مېنىڭ ئىچ-باغرىلىرىم ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ كەتتى؛
5 سۆيۈملۈكۈمگە ئېچىشقا قوپتۇم؛
قوللىرىمدىن مۇرمەككى،
بارماقلىرىمدىن سۇيۇق مۇرمەككى تېمىدى،
تاقاقنىڭ تۇتقۇچلىرى ئۈستىگە تېمىدى؛
6 سۆيۈملۈكۈمگە ئاچتىم؛
بىراق سۆيۈملۈكۈم بۇرۇلۇپ، كېتىپ قالغانىدى.
ئۇ سۆز قىلغاندا روھىم چىقىپ كەتكەنىدى؛
ئۇنى ئىزدىدىم، بىراق تاپالمىدىم؛
ئۇنى چاقىردىم، بىراق ئۇ جاۋاب بەرمىدى؛
7 شەھەرنى ئايلىنىدىغان جېسەكچىلەر مېنى ئۇچرىتىپ مېنى ئۇردى،
مېنى يارىلاندۇردى؛
سېپىللاردىكى كۆزەتچىلەر چۈمپەردەمنى مەندىن تارتىۋالدى.
8 ئى يېرۇسالېم قىزلىرى، سۆيۈملۈكۈمنى تاپساڭلار،
ئۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟
ئۇنىڭغا، سۆيگىنىڭ: «مەن مۇھەببەتتىن زەئىپلىشىپ كەتتىم! ــ
دېدى، دەڭلار».

---

**2:5** توپ. 3:5

**6:5 «ئۇ سۆز قىلغاندا روھىم چىقىپ كەتكەنىدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ بۇرۇلۇپ كەتكەندە روھىم چىقىپ كەتكەنىدى».

**8:5 «2-8-ئايەت شەرھى»** ــ شۇلامىت قارا باسقان بۇ چۈشنى كۆرگەندە سۇلايمان بىلەن ئاللىقاچان توي قىلغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ چۈشىدە بولغان ئىنكاسى ۋە تەقەززاسىنى 2:17دە

## يېرۇسالېم قىزلىرى شۇلامىتقا سۆز قىلىدۇ

9 «سېنىڭ سۆيۈملۈكۈڭنىڭ باشقا بىر سۆيۈملۈكتىن قانداق ئارتۇق
يېرى بار،
ئى، ئاياللار ئارىسىدىكى ئەڭ گۈزىلى؟
سېنىڭ سۆيۈملۈكۈڭنىڭ باشقا بىر سۆيۈملۈكتىن قانداق ئارتۇق
يېرى بار؟ ــ
سەن بىزگە شۇنداق تاپىلىغانىغۇ؟».

## شۇلامىت جاۋاب بېرىدۇ

10 «مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم ئاپئاق ۋە پارقىراق، يۈرەكلىك ئەزىمەت،
ئۇن مىڭ ئارىسىدا تۇغدەك كۆرۈنەرلىكتۇر؛
11 ئۇنىڭ بېشى ساپ ئالتۇندىندۇر،
بۇدۇر چاچلىرى ئاتىنىڭ يايلىدەك،
تاغ قاغىسىدەك قارا.

ۋە 1:4ـ3دە خاتىرىلەنگەن بىرىنچى چۈشىدىكى پوزىتسىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بەلكىم چۈش شۇلامىتنىڭ هاياتىنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىنى، يەنى ئۇنىڭ سۇلايمان بىلەن ئەمەلىي مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؛ چۈشتە كۆرۈنگەن بەزى ئىشلار، شۈبھىسىزكى، سۇلايماننىڭ مۇھەببىتىنىڭ، بولۇپمۇ جىنسىي مۇھەببەت جەھەتتە شۇلامىتقا بولغان تەلەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سۆيگىنىنىڭ مۇھەببىتىگە ياكى مۇھەببىتىنىڭ تەلەپلىرىگە ئانچە سەزگۈر بولمايدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. بۇ سەزگۈرسىزلىك ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى؛ شۇلامىتنىڭ چۈشىدە سۇلايمان كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇلامىت چۈش كۆرۈش بىلەن مۇھەببەتنىڭ قىممەتلىكىنى بىلىپ يېتىپ، ئىشلارنى ياخشىلايدۇ.
—يەنە مۇھىم بىر ئىش دىققىتىمىزگە ئەرزىيدۇكى، چۈشتە ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا، سۇلايمان (ئەركەك بولغىنى بىلەن، پادىشاھ بولغىنى بىلەن، پەيغەمبەر بولغىنى بىلەنمۇ) ھېچقاچان شۇلامىتنى «مۇھەببەت»كە زورلىمايتتى، بەلكى شۇلامىتنىڭ ئۆزى بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى تەلەپ قىلاتتى
— 7ـئايەتتە: چۈشىدىكى جېسەكچىلەر ئۇنى پاھىشە ئايال دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ، چۈمپەردىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالىدۇ.
10:5 «**مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم ئاپئاق ۋە پارقىراق، يۈرەكلىك ئەزىمەت،...**» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سۆيۈملۈكۈمنىڭ يۈزىنىڭ ئاق يېرى ئاپئاق، قىزىل يېرى قىپقىزىل...».

[12] ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېقىنلار بويىدىكى پاختەكلەردەك،
سۈت بىلەن يۇيۇلغان،
يارىشىقىدا قويۇلغان؛
[13] ئۇنىڭ مەڭزىلىرى بىر تەشتەك پۇراقلىق ئۆسۈملۈكتەكتۇر؛
ئاينىغان يېقىملىق گۈللۈكتەك؛
ئۇنىڭ لەۋلىرى نىلۇپەر،
ئۇلار سۈيۈق مۇرمەككىنى تېمىتىدۇ؛
[14] ئۇنىڭ قوللىرى ئالتۇن تۇرۇبىلار،
ئىچىگە بېرىل ياقۇتلار قويۇلغان.
قورسىقى نەقىشلىك پىل چىشلىرىدىن ياسالغان،
كۆك ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن.
[15] ئۇنىڭ پۇتلىرى مەرمەر تۈۋرۈكلەر،
ئالتۇن ئۇستىگە تىكلەنگەن.
ئۇنىڭ سالاپىتى لىۋاننىڭكىدەك،
كېدىر دەرەخلىرىدەك كۆركەم-ھەيۋەتلىكتۇر.
[16] ئۇنىڭ ئاغزى بەكمۇ شېرىندۇر؛
بەرھەق، ئۇ پۈتۈنلەي گۈزەلدۇر؛
بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم، ــ
بەرھەق، بۇ مېنىڭ ئامرىقىم،
ئى يېرۇسالېم قىزلىرى!»

12:5 **«يارىشىقىدا قويۇلغان»** ــ ياكى «ياقۇتلاردەك بېزەشكە بېكىتىلگەن».
13:5 **«ئۇنىڭ مەڭزىلىرى بىر تەشتەك پۇراقلىق ئۆسۈملۈكتەكتۇر؛ ئاينىغان يېقىملىق گۈللۈكتەك؛ ئۇنىڭ لەۋلىرى نىلۇپەر، ئۇلار سۈيۈق مۇرمەككىنى تېمىتىدۇ»** ــ ئايەتنىڭ ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش سەل تەس، باشقا تەرجىمىلىرى ئۆچرىشى مۇمكىن. نېمىلا بولمىسۇن تېتىتقۇ ۋە خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈك باغلىرى ئوتتۇرا شەرقتە ئىنتايىن ئاز ئىدى، قىممەتلىك ئىدى.
16:5 **«ئۇنىڭ ئاغزى بەكمۇ شېرىندۇر»** ــ بۇ بەلكىم گەپ-سۆزلىرىنىڭ تاتلىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
**«9-16-ئايەت شەرھى»** ــ شۇلامىت ھازىر باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆيگىنىنى ماختاشتىن ھېچ تارتىنمايدۇ. ئۇ ھازىر «قورام تاشتا يوشۇرۇنغان پاختەك»تىن كۆپ دادىل بولۇپ كەتتى!

## يېرۇسالېم قىزلىرى سۆزلەيدۇ

6 [1] «سېنىڭ سۆيۈملۈكۈڭ نەگە كەتكەندۇ،
قىز-ئاياللار ئارىسىدا ئەڭ گۈزەل بولغۇچى؟
سېنىڭ سۆيۈملۈكۈڭ قەيەرگە بۇرۇلۇپ كەتتى؟
بىز سەن بىلەن بىللە ئۇنى ئىزدەيلى!»

## شۇلامىت ئۇلارغا جاۋاب بېرىدۇ

[2] «مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم ئۆز بېغىغا چۈشتى،
تېتىتقۇ ئۆتياشلىقلارغا چۈشتى.
باغلاردا ئوزۇقلىنىشقا،
نىلۇپەرلەرنى يىغىشقا چۈشتى.
[3] مەن مېنىڭ سۆيۈملۈكۈمنىڭكىدۇرمەن،
ۋە سۆيۈملۈكۈم مېنىڭكىدۇر؛
ئۇ ئۆز پادىسىنى نىلۇپەرلەر ئارىسىدا باقىدۇ»

## تولۇقلۇقى ئىككىسى — سۇلايماننىڭ شۇلامىتقا قايتىپ كېلىشى — شۇلامىتنى قايتا ماختىشى 6:4-6:9

## سۇلايمان شۇلامىتقا سۆز قىلىدۇ

1:6 **«سېنىڭ سۆيۈملۈكۈڭ نەگە كەتكەندۇ، قىز-ئاياللار ئارىسىدا ئەڭ گۈزەل بولغۇچى؟ .... بىز سەن بىلەن بىللە ئۇنى ئىزدەيلى!»** — يېرۇسالېم قىزلىرىنىڭ 9:5-ئايەتتىكى مازاق ۋە گۇمانلىرى پۈتۈنلەي يوقىدى.

3:6 **«2-3-ئايەت شەرھى»** — ئادەتتە بۇ مۇھەببەت شېئىرىدە «باغ» شۇلامىتنىڭ بەدىنىنى ياكى ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ يەردە «باغ» سۇلايمان شۇلامىتقا مۇھەببىتىنى كۆرسەتمەكتە، ئۇنىڭ بەدىنىدىن يەنە ھوزۇرلانماقتا، دەپ قارايمىز. شۇلامىتنىڭ سۇلايماننىڭ ئۆزىگە باغلىغان مۇھەببىتىگە ئىشەنچى كامىل: 16:2دە ئۇ: «سۆيۈملۈكۈم مېنىڭكىدۇر، مەن ئۇنىڭكىدۇرمەن» دەيدۇ؛ ھازىر ئۇنىڭغا نىسبەتەن سۆيگىنىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا تەۋە بولغانلىقى ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر. **«ئۇ ئۆز پادىسىنى نىلۇپەرلەر ئارىسىدا باقىدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ نىلۇپەر ئارىسىدا ئوزۇقلىنىدۇ». بىراق نېمىلا بولمىسۇن بۇنىڭ كۆچمە مەنىسى تەرجىمىمىزنىڭكىدەك بولىدۇ — دېمەك، سۇلايمان شۇلامىتنىڭ بەدىنىدىن ھوزۇرلانماقتا.

4 «سەن گۈزەل، ئى سۆيۈملۈكۈم، تىرزاھ شەھىرىدەك گۈزەل؛
يېرۇسالېمدەك يېقىملىق،
تۇغلارنى كۆتۈرگەن بىر قوشۇندەك ھەيۋەتلىكتۇرسەن؛
5 ئاھ، كۆزلىرىڭنى مەندىن كەتكۈزگىن!
چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمدىن غالىب كېلىۋاتىدۇ؛
چاچلىرىڭ گىلېئاد تېغى باغرىدا ياتقان بىر توپ ئۆچكىلەردەكتۇر.
6 چىشلىرىڭ يېڭىلا يۇيۇلۇشتىن چىققان قىرقىلغان بىر توپ قويلاردەك؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوشكېزەك تۇغقانلاردىندۇر؛
ئۇلار ئارىسىدا ھېچبىرى كەم ئەمەستۇر؛
7 چۈمبىلىڭ كەينىدە چېكىلىرىڭ پارچە ئاناردۇر.
8 ئاتمىش خانىش، سەكسەن كېنىزەكمۇ بار؛
قىزلار ساناقسىز؛
9 بىراق مېنىڭ پاختىكىم، غۇبارسىزىم بولسا بىردىنبىردۇر؛
ئانىسىدىن تۇغۇلغانلار ئىچىدە تەڭداشسىز بولغۇچى،
ئۆزىنى تۇغقۇچىنىڭ تاللىغىنىدۇر.
قىزلار ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنى بەختلىك دەپ ئاتاشتى،
خانىشلار ۋە كېنىزەكلەرمۇ كۆرۈپ ئۇنى ماختاشتى».

---

**4:6 «سەن گۈزەل، ئى سۆيۈملۈكۈم، تىرزاھ شەھىرىدەك گۈزەل»** — تىرزاھ شەھىرى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. سۇلايماننىڭ دەۋرىدىن كېيىن ئۇ ئىسرائىلنىڭ شىمالىي پادىشاھلىقىنىڭ ۋاقىتلىق پايتەختى بولدى («1پاد.» 15-باب).

**6:6 «ئۇلار ئارىسىدا ھېچبىرى كەم ئەمەستۇر»** — ياكى «ئۇلار ئارىسىدا ھېچبىرى تۇغماستۇر»

**8:6 «ئاتمىش خانىش، سەكسەن كېنىزەكمۇ بار؛ قىزلار ساناقسىز»** — «خانىش»لار تولۇق ئايال دەرىجىسىدە، «كېنىزەكلەر» ھەرەمدىكى «كىچىك خوتۇن» دەرىجىسىدە، «قىزلار» كەلگۈسىدىكى كېنىزەكلەر ئىدى. بۇلارنىڭ سانلىرىغا قارىغاندا سۇلايمان پادىشاھلىقىنىڭ دەسلىپىدىلا شۇلامىتنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ 700 ئايالى، 300 كېنىزىكى بولغان («1پاد.» 11-بابنى كۆرۈڭ). بىز بۇ ئىش ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**8:6** 1پاد. 3:11

**9:6 «9-4-ئايەت شەرھى»** — سۇلايماننىڭ بۇ قېتىمقى شۇلامىتنى ماختىغان بەزى سۆزلىرى توي كېچىسىدىكىگە ئوخشاش بولغىنى بىلەن، يېڭىدىن قوشۇلغان ماختاشلىرى تېخىمۇ كۈچلۈك.

## بەشىنچى خاتىرە ــــ يېزىدا دەم ئېلىش ــــ گالىلىيەگە قايتىش
## 14:10-8:6
## ئونىنچى ئويلىنىش ــــ ««ماھانائىم»، يەنى «ئىككى بارگاھ»
## ئۇسسۇلى» 10:10-7:6
### يېرۇسالېم قىزلىرى سۆز قىلىدۇ

10 «تاڭ سەھەر جاھانغا قارىغاندەك،
ئايدەك گۈزەل، ئايدىڭدەك روشەن،
ئىللىق قۇياشتەك يورۇق،
تۇغلارنى كۆتۈرگەن قوشۇنلاردەك ھەيۋەتلىك بولغۇچى كىمدۇر؟»

### شۇلامىت يېرۇسالېم قىزلىرىغا سۆز قىلىدۇ

11 «مېغىزلار بېغىغا چۈشتۈم،
جىلغىدىكى گۈل-گىياھلارنى كۆرۈشكە،
ئۈزۈم تېلىنىڭ بىخلىغان-بىخلىمىغانلىقىنى كۆرۈشكە،
ئانارلارنىڭ چېچەكلىگەن-چېچەكلىمىگەنلىكىنى كۆرۈشكە؛
12 بىراق بىلە-بىلمەي،
جېنىم مېنى كۆتۈرۈپ،
ئېسىل خەلقىمنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى ئۈستىگە قويغانىكەن».

---

ئۇ يەنە شۇلامىتنى قەدىرلەيدۇ، ئېخىمۇ ماختايدۇ. سۇلايماننىڭ ئۇنىڭغا باغلىغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ «ئۆلچەمگە يەتكەنلىكى»گە ئاساسلانغان ئەمەس.

10:6 «10-ئايەت شەرھى» ــــ شۇلامىت ھازىر سۇلايماننىڭ مۇھەببىتىنىڭ تەسىرىدە ئىشەنچكە تولغان، كۈچلۈك زات بولۇپ چىقتى. **«تاڭ سەھەر جاھانغا قارىغاندەك»** ــــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «تاڭ سەھەردەك نۇرلۇق كۆرۈنگەن،...»

12:6 «11-12-ئايەت شەرھى» ــــ شۇلامىت يەنە كەمتەرلىك بىلەن بۇنداق ماختاشلارغا جاۋاب بېرىدۇ؛ ئۇ بىردىنلا خانىش بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە باغلىغان ھۆرمىتى بۇرۇنقىدەكلا چوڭقۇردۇر («مېنىڭ ئېسىل خەلقىم»، دەيدۇ). ئۇ تۇيۇقسىز سەھرالىق قىز سالاھىيىتىدىن خانىشلىق ئورنىغا چىققاندا ھېچ ئادەتلىنەلمىگەن. ئەكسىچە، ئۇ شۇ ئەتىگەندىلا «جىلغىدىكى گۈل-گىياھلارنى كۆرۈشكە، مېغىزلار بېغىغا چۈشكەن» ئىدى، چۈنكى بۇلار بەلكىم ئۇنىڭغا ئۆز يۇرتى گالىلىيەنى ئەسلىتىدۇ.
— 12-ئايەتنى ئىبرانىي تىلىدا چۈشىنىش بەك تەس، باشقا كۆپ تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مەنىسى بىزنىڭچە قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن باغلىقتۇر

## يېرۇسالېم قىزلىرى يەنە شۇلامىتنى ماختاپ سۆز قىلىدۇ

13 «قايتقىن، قايتقىن، ئى شۇلامىت ــ
قايتقىن، قايتقىن، بىزنىڭ ساڭا قارىغۇمىز باردۇر!»

«سىلەر شۇلامىتنىڭ نېمىسىگە قارىغۇڭلار بار؟»

«"ئىككى بارگاھ" ئۇسسۇلىغا چۈشكەن ۋاقتىدىكىدەك ئۇنىڭغا قارايمىز!»

## سۇلايمان شۇلامىتقا سۆز قىلىدۇ
## شۇلامىت سۇلايمان ئۈچۈن «ئىككى بارگاھ» ئۇسسۇلىنى ئوينايدۇ

7 1 «ئى شاھزادىنىڭ قىزى،
كەشلىرىڭدە سېنىڭ قەدەملىرىڭ نېمىدېگەن گۈزەل!
تولغىغان يامپاشلىرىڭ گۆھەرلەردەك،
چېۋەر ھۈنەرۋەن قولىنىڭ ھۈنىرىدۇر.
2 كىندىكىڭ يۇمۇلاق بىر قەدەھتۇر؛
ئۇنىڭ ئەبجەش شارابى كەم ئەمەس؛
قورسىقىڭ بۇغداي دۆۋىسىدۇر،

13:6 **«سىلەر شۇلامىتنىڭ نېمىسىگە قارىغۇڭلار بار؟»** ــ بۇ سۆزلەرنى شۇلامىت ئېيتىدۇ.

—**«"ئىككى بارگاھ" ئۇسسۇلىغا چۈشكەن ۋاقتىدىكىدەك ئۇنىڭغا قارايمىز!»** ــ بۇ سۆزلەرنى يېرۇسالېم قىزلىرى ئېيتىدۇ. «ئىككى بارگاھ» ــ ئىبرانىي تىلىدا «ماھانائىم» دېگەن يەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. «ئىككى بارگاھ» ئۇسسۇل بەلكىم مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئۇسسۇل ئىدى.

—ئىزاھات: ــ قىز مۇشۇ يەردە «شۇلامىت» (شۇلاملىق قىز) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بەلكىم گالىلىيەدىكى «شۇنەم» دېگەن شەھەردىن كەلگەن. «شۇنەم» كېيىن «شۇلەم» دەپ ئاتالغان. «شۇلامىت» ياكى «شۇلاملىق» دېگەننىڭ باشقا بىر مەنىسى «سۇلايمان خانىم»؛ يەنى بىر مەنىسى «كامىل بولغۇچى». مۇشۇ يەردە ئۇ يەنە ماختاشلارغا كەمتەرلىك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

1:7 **«كەشلىرىڭدە سېنىڭ قەدەملىرىڭ نېمىدېگەن گۈزەل!»** ــ ياكى «كەشلىرىڭدە سېنىڭ پۇتلىرىڭ نېمىدېگەن گۈزەل!».

ئەتراپىغا نىلۇپەرلەر ئولىشىدۇ.
3 ئىككى كۆكسۈڭ ئىككى مارالدەك، جەرەننىڭ قوشكېزىكىدۇر؛
4 بوينۇڭ پىل چىشلىرىدىن ياسالغان مۇناردۇر؛
كۆزلىرىڭ بات-رابىم قوۋۇقى بويىدىكى ھەشبون كۆلچەكلىرىدەك،
بۇرنۇڭ دەمەشققە قارايدىغان لىۋان مۇنارىدەكتۇر؛
5 ئۈستۈڭدە بېشىڭ كارمەل تېغىدەك تۇرىدۇ؛
بېشىڭدىكى ئۆرۈمە چاچلىرىڭ سۆسۈن رەڭلىكتۇر،
پادىشاھ بۇدۇر چاچلىرىڭنىڭ مەھبۇسىدۇر.
6 ئى سۆيگىنىم، ھۇزۇرلار ئۇچۇن شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يېقىملىقتۇرسەن!
7 سېنىڭ بويۇڭ پالما دەرىخىدەك،
كۆكسۈڭ ئۈزۈم غۇنچىلىرىدەكتۇر.
8 مەن: ــ «پالما دەرىخى ئۈستىگە چىقىمەن،
شاخلىرىنى تۇتۇپ يامىشىمەن؛
كۆكسىلىرىڭ دەرۋەقە ئۈزۈم تال غۇنچىلىرىدەك،
بۇرنۇڭنىڭ پۇرىقى ئالمىلاردەك، تاڭلايلىرىڭنىڭ تەمى ئەڭ ئېسىل
شارابدەكتۇر...».

2:7 **«كىندىكىڭ يۇمۇلاق بىر قەدەھتۇر»** ــ بەزى ئالىملار «كىندىكىڭ» دېگەن سۆز جىنسىي يولىنى، ياكى تەننىڭ تۆۋەن قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنداق بولسا شۇلامىت سۇلايمان ئالدىدا يالىڭاچ بولۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. **«...ئۇنىڭ ئەبجەش شارابى كەم ئەمەس؛..»** ــ «ئەبجەش شاراب» پەلەستىندە ئادەمنى ئەڭ مەست قىلىدىغان شاراب ھېسابلىناتتى.
5:7 **«پادىشاھ بۇدۇر چاچلىرىڭنىڭ مەھبۇسىدۇر»** ــ ئۇلۇغ سۇلايمان پادىشاھ يېزىدىكى بىر قىزغا «ئەسىر بولدى»! مۇھەببەتنىڭ كۈچى زوردۇر!
7:7 **«سېنىڭ بويۇڭ پالما دەرىخىدەك، كۆكسۈڭ ئۈزۈم غۇنچىلىرىدەكتۇر»** ــ «پالما دەرىخى»نىڭ ئۆزى ئۇنۇملۇك، ھوسۇللۇق دەرەخ ھېسابلىنىدۇ. شۇلامىت ئېگىز بويلۇق ۋە زىلۋا، «ھوسۇللۇق» دەپ قارالغان ئوخشايدۇ.
8:7 **«پالما دەرىخى ئۈستىگە چىقىمەن، شاخلىرىنى تۇتۇپ يامىشىمەن؛ كۆكسىلىرىڭ دەرۋەقە ئۈزۈم تال غۇنچىلىرىدەك...»** ــ پالما دەرىخىنىڭ خورمىلىرىنى ئۈزۈش ياكى گۈللىرىنى چاڭلاشتۇرۇپ مېۋىلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقىشى كېرەك. سۇلايمان بۇ ئوخشىتىشتا بەلكىم ئىككىلا مەنىسىنى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىدۇ. ھازىر شۇلامىت بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. **«...بۇرنۇڭنىڭ پۇرىقى ئالمىلاردەك، تاڭلايلىرىڭنىڭ تەمى ئەڭ ئېسىل شارابدەكتۇر...»** ــ «ئالمىلار» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۆرۈكلەر».

## شۇلامىت سۆز قىلىپ، سۇلايماننىڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ

9 «...مېنىڭ سۆيۈملۈكۈمنىڭ گېلىدىن سىلىق ئۆتۈپ،
لەۋلەر، چىشلاردىن تېيىلىپ چۈشسۇن...!
10 مەن مېنىڭ سۆيۈملۈكۈمنىڭكىدۇرمەن،
ئۇنىڭ تەقاززاسى ماڭا قارىتىلىدۇ».

## ئون بىرىنچى ئويلىنىش — شۇلامىتنىڭ ئۆز يۇرتىنى يوقلاشقا بولغان ئارزۇسى

### 4:8-11:7

## شۇلامىت سۆز قىلىدۇ

11 «ئى سۆيۈملۈكۈم، كېلەيلى،
ئېتىزلارغا چىقايلى؛
يېزىلاردا تۈنەپ كېلەيلى،
12 ئۈزۈمزارلىققا چىقىشقا بالدۇر ئورۇندىن تۇرايلى،
ئۈزۈم تاللىرىنىڭ بىخلىغان-بىخلىمىغانلىقىنى،
چېچەكلەرنىڭ ئېچىلغان-ئېچىلمىغانلىقىنى،
ئانارلارنىڭ بەرق ئۇرغان-ئۇرمىغانلىقىنى كۆرەيلى؛
ئاشۇ يەردە مۇھەببەتلىرىمنى ساڭا بېغىشلايمەن.
13 مۇھەببەتگۈللەر ئاشۇ يەردە ئۆز پۇرىقىنى پۇرىتىدۇ؛
ئىشىكلىرىمىز ئۈستىدە ھەرخىل ئېسىل مېۋە-چېۋىلەر باردۇر،

---

9:7 **«...مېنىڭ سۆيۈملۈكۈمنىڭ گېلىدىن سىلىق ئۆتۈپ، لەۋلەر، چىشلاردىن تېيىلىپ چۈشسۇن...!»** — ئىبرانىي تىلىدا چۈشىنىش بەك تەس، باشقا كۆپ تەرجىمىلىرى ئۆچرىشى مۇمكىن. لېكىن ئومۇمىي مەنىسى ئېنىقكى، شۇلامىت سۇلايماننىڭ «مۇھەببەتلىشەيلى» دېگەن تەلىپىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، تولۇق قوبۇل قىلىدۇ.

10:7 **«1-10-ئايەت شەرھى»** — 9-10-ئايەتتە شۇلامىت سۇلايماننىڭ «مۇھەببەتلىشەيلى» دېگەن تەلىپىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، تولۇق قوبۇل قىلىدۇ.

11:7 **«ئى سۆيۈملۈكۈم، كېلەيلى، *ئېتىزلارغا چىقايلى؛ *يېزىلاردا تۈنەپ كېلەيلى،...»** — شۇلامىتنىڭ ئۆز يۇرتىنى يەنە كۆرگۈسى، شۇ يەردە سۇلايمان بىلەن دالادا مۇھەببەتلەشكۈسى بار ئىدى. 12-13-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

يېڭى ھەم كونىمۇ باردۇر؛
سەن ئۈچۈن ئۇلارنى توپلاپ تەييارلىدىم، ئى سۆيۈملۈكۈم!»

## داۋامى ــ شۇلامىت سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ

8 [1] «ئاھ، ئاپامنىڭ كۆكسىنى شورىغان ئىنىمدەك بولساڭئىدى!
سېنى تالادا ئۇچرىتار بولسام، سۆيەتتىم،
ۋە ھېچكىم مېنى كەمسىتمەيتتى.
[2] مەن سېنى يېتەكلەيتتىم،
ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرەتتىم؛
سەن ماڭا تەلىم بېرەتتىڭ؛
مەن ساڭا تېتىتقۇ شارابىدىن ئىچكۈزەتتىم؛
ئانارلىرىمنىڭ شەربىتىدىن ئىچكۈزەتتىم.

---

13:7 **«مۇھەببەتگۈللەر ئاشۇ يەردە ئۆز پۇرىقىنى پۇرىتىدۇ»** ــ «مۇھەببەتگۈل» دېگەن گۈل جىنسىي مۇھەببەتنى قوزغايدىغان بىرخىل گۈل.

— **«ئىشىكلىرىمىز ئۈستىدە ھەرخىل ئېسىل مېۋە-چېۋىلەر باردۇر، ...سەن ئۈچۈن ئۇلارنى توپلاپ تەييارلىدىم، ئى سۆيۈملۈكۈم!»** ــ قانائاندا (پەلەستىندە) خەلقلەر «ئىشىك ئۈستى»دىكى بىر جازا ئۈستىدە ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەرنى ساقلايدۇ.

1:8 **«ئاھ، ئاپامنىڭ كۆكسىنى شورىغان ئىنىمدەك بولساڭئىدى! سېنى تالادا ئۇچرىتار بولسام، سۆيەتتىم، *ۋە ھېچكىم مېنى كەمسىتمەيتتى»** ــ پەلەستىندە ئاچا-ئۇكىنىڭ ئۆزئارا ئامراقلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلىشى، سۆيۈشى نورمال ئەھۋال. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ شۇنداق قىلىشى ئەيىبلىك دەپ قارالغاچقا، شۇلامىت «سۇلايماننى ئىنىمدەك بولسىدى!» دەپ تىلەيدۇ.

2:8 **«سەن ماڭا تەلىم بېرەتتىڭ»** ــ شۇلامىت سۇلايماننىڭ دانالىقىدىن ئورتاقلاشماقچى. يېرۇسالېمدىكى ئوردىدا تۇرغاندا سۇلايمان ئالدىراش بولغاچقا مۇشۇنداق پۇرسەت ئاز بولاتتى. ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە بولسا دەخلىلەر ئاز بولىدۇ. ئەرنىڭ ئايالىغا بىلىم، دانالىقنى ئاشۇرۇش پۇرسىتىنى يارىتىش مەسئۇلىيىتى بار.

—«سەن ماڭا تەلىم بېرەتتىڭ» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇ يەردە ئاپام ماڭا ئۆگەتكەن».

—**«مەن ساڭا تېتىتقۇ شارابىدىن ئىچكۈزەتتىم؛ ئانارلىرىمنىڭ شەربىتىدىن ئىچكۈزەتتىم»** ــ بەلكىم شۇلامىتنىڭ ئاپىسى ئىنىسىنى ئېمىتكەندەك (1-ئايەت)، سۇلايمانغا ئەمچەك سالغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3 ئۇنىڭ سول قولى بېشىم ئاستىدا بولاتتى،
ئۇنىڭ ئوڭ قولى مېنى سىلايتتى!».

4 «سىلەرگە تاپىلايمەنكى، ئى يېرۇسالېم قىزلىرى ـ
«ئۇنىڭ ۋاقىت-سائىتى بولمىغۇچە،
سىلەر مۇھەببەتنى ئويغاتماڭلار، قوزغىماڭلار!»

## ئون ئىككىنچى ئويلىنىش ــ يېزىلارغا، يەنى گالىلىيەگە بولغان سەپەر 8:5-8:7
## شۇلامىتنىڭ يۇرتىدىكى قىزلار ئاۋۋال سۆزلەيدۇ ــ ئۇنى تونۇماي قالىدۇ

5 «دالادىن چىقىۋاتقان بۇ زادى كىم؟
ئۆز سۆيۈملۈكىگە يۆلىنىپ؟»

«مەن ئالما دەرىخى ئاستىدا سېنى ئويغاتقانىدىم؛
ئاشۇ يەردە ئاپاڭ تولغاق يەپ سېنى دۇنياغا چىقارغانىدى؛
ئاشۇ يەردە سېنى تۇغقۇچى تولغاق يەپ سېنى چىقارغانىدى».

---

8:4 «... **سىلەر مۇھەببەتنى ئويغاتماڭلار، قوزغىماڭلار!»** ــ ياكى «...ئۇنى بالدۇر ئويغاتقىنىڭلار، قوزغىغىنىڭلارنىڭ نېمىسى؟!».

8:5 **دالادىن چىقىۋاتقان بۇ زادى كىم؟ ئۆز سۆيۈملۈكىگە يۆلىنىپ؟»** ــ شۇلامىت ئەسلىي تويغا بارغان يول بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار يېرۇسالېمدىن يېرىخا شەھىرىدىكى يول بىلەن چىقىپ ئىئوردان دەرياسى جىلغىسىنى بويلاپ چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ شۇنەمگە قايتىدۇ. چۆل-باياۋاننىڭ ئىسسىقى بىلەن ئۇ سۇلايمانغا يۆلىنىپ ماڭىدۇ. ئۇ شۇنچە ئۆزگەرگەنكى، يۇرتتىكىلەر ئۇنى تونۇماي قالىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزلەر شۇلامىتنىڭ يۇرتىدىكى قىزلارنىڭ دېگىنى بولسا كېرەك. **«مەن ئالما دەرىخى ئاستىدا سېنى ئويغاتقانىدىم؛ ئاشۇ يەردە ئاپاڭ تولغاق يەپ سېنى دۇنياغا چىقارغانىدى؛ ئاشۇ يەردە سېنى تۇغقۇچى تولغاق يەپ سېنى چىقارغانىدى»** ــ بۇ سۆزلەرنى سۇلايمان شۇلامىتقا ئېيتىدۇ. سۇلايمان بەلكىم بىرىنچى قېتىم (پادىچىنىڭ قىياپىتىدە) دەل مۇشۇ ئالما دەرىخى ئاستىدا شۇلامىتنى ئۇخلاۋاتقان پېتىدە ئۇچراتقانلىقىنى ئەسلەيدۇ. شۇ ئالما دەرىخى دەل شۇلامىتنىڭ ئاپىسى ئۇنى تۇغقان جاي ئىدى.
—«مەن ئالما دەرىخى ئاستىدا سېنى ئويغاتقانىدىم» ــ مۇشۇ «ئويغىتىش» ھەم ئۇيقۇدىن

## شۇلامت سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ

6 «مېنى كۆڭلۈڭگە مۆھۈردەك،
بىلىكىڭگە مۆھۈردەك باسقايسەن؛
چۈنكى مۇھەببەت ئۆلۈمدەك كۈچلۈكتۇر؛
مۇھەببەتنىڭ قىزغىنىشى تەھتىسارادەك رەھىمسىز؛
ئۇنىڭدىن چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى،
ياھنىڭ دەھشەتلىك بىر يالقۇنىدۇر!
7 كۆپ سۇلار مۇھەببەتنى ئۆچۈرەلمەيدۇ؛
كەلكۈنلەر ئۇنى غەرق قىلالمايدۇ؛
بىرسى: «ئۆي-تەئەللۇقاتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ مۇھەببەتكە
ئېرىشىمەن» دېسە،
ئۇنداقتا ئۇ ئادەم كىشىنىڭ نەزىرىدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ كېتىدۇ».

## ئون ئۈچىنچى ئويلىنىش — شۇلامىتنىڭ يۇرتىغا، ئۆيىگە قايتىپ كېلىشى. شۇلامت كىچىك سىڭلىسى توغرۇلۇق ئىككى ئاكىسىغا سۆز قىلىدۇ 8:8-14:8.
## شۇلامت ئىككى ئاكىسىغا سۆز قىلىدۇ

8 «بىزنىڭ كىچىك سىڭلىمىز باردۇر،
بىراق ئۇنىڭ كۆكسى يوقتۇر؛

---

ئويغىتىشىنىمۇ، مۇھەببەتكە ئويغىتىشىنىمۇ كۆرسەتسە كېرەك. سۇلايمان بىلەن شۇلامت شۇلامىتنىڭ ھاياتى باشلانغان دەل شۇ جايدا («ئالما دەرىخى ئاستىدا») ئۆزئارا تۇنۇشقان ئىكەن. ئۆزئارا تۇۋەندىكى ئەھدە (6-ئايەت) بىلەن باغلىنىشىدۇ.

**6:8 «مېنى كۆڭلۈڭگە مۆھۈردەك، بىلىكىڭگە مۆھۈردەك باسقايسەن..»** — شەرھى: پادىشاھ ئۆز مۆھۈرىدىن ھېچقاچان ئايرىلمايدۇ. مۆھۈرى بولسا ئادەتتە ئالتۇن-گۆھەردىن ياسالغان بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسە ئىدى. ھەربىر نەرسە ئۈستىگە مۆھۈر باسقانىڭ مەنىسى «بۇ مېنىڭكى» دېگەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇلامت ئۆزىنىڭ سۇلايماندىن ھەرگىز ئايرىلماسلىقنى خالايدۇ، ئۆزىنى ئاللەگە: «مەن سۇلايماننىڭكىدۇرمەن» دەپ ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. **«مۇھەببەت... ياھنىڭ دەھشەتلىك بىر يالقۇنىدۇر!»** — «ياھ» — «ياھۋەھ»، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ نامىنىڭ قىسقا شەكلى.

**7:8** 1كور. 8:13

سىڭلىمىزغا ئەلچىلەر كەلگەن كۈندە بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە
قىلىمىز؟»

## ئىككى ئاكىسى جاۋاب بېرىدۇ

9 «ئەگەر ئۇ سېپىل بولسا،
بىز ئۇنىڭغا كۈمۈش مۇنار سالىمىز؛
ئەگەر ئۇ ئىشىك بولسا،
بىز ئۇنى كېدىر تاختايلار بىلەن قاپلايمىز».

## شۇلامىت سۆز قىلىدۇ

10 «ئۆزۈم بىر سېپىلدۇرمەن،
ھەم مېنىڭ كۆكسىلىرىم مۇنارلاردەكتۇر؛
شۇڭا مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خاتىرجەملىك تاپقان بىرسىدەك
بولدۇم».

8:8 **«8-ئايەت شەرھى»** — شۇلامىت كىچىك سىڭلىسى ئۈچۈن ئەنسىرەيدۇ. ئۇ ياتلىق بولغۇچە قانداق قىلىپ ئۇنى پاك ساقلاش كېرەك؟ مۇشۇ سوئال توغرۇلۇق ئويلىغاندا بەلكىم ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋاقىتلىرىنى ئەسلەيدۇ.

9:8 **«9-ئايەت شەرھى»** — مۇشۇ ئايەتتە شۇلامىتنىڭ ئىككى ئاكىسى ئۇنىڭ سوئالىغا (8-ئايەت) جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ سىڭلىسى ئۆزىنى ئاسرايدىغان، نومۇس قىلىدىغان قىز بولسا («سېپىل بولسا»)، ئۇنداقتا ئاكىلىرى ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ. بىراق ئەگەر ئۇ نومۇسنى ساقلىمايدىغان، خەتەرلىك يولغا چىقماقچى بولسا («ئىشىك بولسا»)، ئاكىلىرى ئۇنى پەۋقۇلئاددە قوغدايدۇ.

10:8 **«10-ئايەت شەرھى»** — شۇلامىت دەرۋەقە «سېپىل» ئىدى — باشقىلارنىڭ ئېزىتقۇلۇقلىرىغا تولۇق چىدىغۇچىلىقى بار ئىدى، ئۇ پۈتۈنلەي نومۇسى بىلەن ئۆتكەنىدى. ئۆزىنى پاك ساقلىغاچقا ئۇ سۇلايماننىڭ ئەھدىسىنى قوبۇل قىلىشقا تولۇق تەييار ئىدى. ئۇ ھازىر بەلكىم ئىككى ئاكىسى ئەسلى ئۆزىگە يۈرگۈزگەن قاتتىق مۇئامىلىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈپ يېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ سايىسىز ئۈزۈمزاردا ئىشلىگەندە «ئېزىقتۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىمالى» ئاز ئىدى؛ سايىسى بولغان مېۋىلىك دەرەخلىرى ئارىسىدا ئىشلىگەن بولسا، يامان نىيەتلىك ئادەم تەرىپىدىن ئېزىقتۇرۇلۇش ئېھتىمالى بار بولاتتى.

## شۇلامىت سۆزىنى داۋام قىلىدۇ

11 «سۇلايماننىڭ بائال-هاموندا ئۈزۈمزارى بار ئىدى،
ئۈزۈمزارىنى باغۋەنلەرگە ئىجارىگە بەردى؛
ئۇلارنىڭ هەممىسى مېۋىسى ئۈچۈن مىڭ كۈمۈش تەڭگە ئاپىرىپ
بېرىشى كېرەك ئىدى؛
12 ئۆزۈمنىڭ ئۈزۈمزارىم مانا مېنىڭ ئالدىمدا تۇرىدۇ؛
ئۇنىڭ مىڭ تەڭگىسى ساڭا بولسۇن، ئى سۇلايمان،
شۇنىڭدەك ئىككى يۈز تەڭگە مېۋىسىنى باققۇچىلارغا بولسۇن».

## سۇلايمان شۇلامىتقا سۆز قىلىدۇ

13 «هەي باغلاردا تۇرغۇچى،
هەمراهلار ئاۋازىڭنى ئاڭلىغۇسى بار؛
ماڭىمۇ ئۇنى ئاڭلاتقۇزغايسەن».

## شۇلامىت سۇلايمانغا سۆز قىلىدۇ

14 «ئى سۆيۈملۈكۈم، تېز بولە، جەرەن ياكى ياش بۇغىدەك بول،
تېتىتقۇلار تاغلىرى ئۈستىدە يۈگۈرۈپ!»

---

12:8 **«11-12-ئايەت شەرھى»** ــ 11-12-ئايەت: بۇ ئايەتلەردە شۇلامىت ئۆزىنىڭ سۇلايمانغا تولۇق مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى سۇلايمانغا بېغىشلىغان بىر ئۈزۈمزارغا ئوخشىتىدۇ. سۇلايماننىڭ بارلىق ئۈزۈمزارلىرىنى باققۇچىلار ئۆزىگە تېگىشلىك ئىنئامغا ئېرىشىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭغا ئوخشاش شۇلامىت هازىر سۇلايماندىن ئىككى ئاكىسى ئۈچۈن تېگىشلىك ئىنئام ئېرىشىنى سورايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇنى نومۇسچان قىلىپ توي قىلغۇچە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدى. 12-ئايەت: «ئۆزۈمنىڭ ئۈزۈمزارىم مانا مېنىڭ ئالدىمدا تۇرىدۇ» دېگەن سۆزلەر شۇلامىتنىڭ ئۆز شەخسىنى سۇلايمانغا بېغىشلىغىنى پۈتۈنلەي ئىختىيارەن، پۈتۈنلەي ئەركىنلىك بىلەن بولدى، دەپ ئىپادىلەيدۇ هەم تەكىتلەيدۇ. ئەركىنلىك مانا مۇھەببەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

13:8 **«13-ئايەت شەرھى»** ــ شۇلامىتنىڭ كونا دوستلىرى (هەمراهلار) بەلكىم ئۇنىڭدىن ناخشا ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سۇلايماننىڭمۇ ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ. شۇلامىت ناخشا ئېيتىپ سىرتقا چىقىپ، سۇلايماننى تۆۋەندىكىدەك چاقىرىدۇ.

14:8 **«تېتىتقۇلار تاغلىرى ئۈستىدە يۈگۈرۈپ!»** ــ ياكى «تېتىتقۇ ئۆسۈملۈك تاغلىرى ئۈستىدە يۈگۈرۈپ!».

# قوشۇمچە سۆز

تۆۋەندە مەزكۇر كىتابتىن بىز ئېلىشقا تېگىشلىك بەزى ساۋاقلار ۋە خۇلاسىلەر تىزىملىنىپ بايان قىلىندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇقىرىقى شەرھلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا باشقا ساۋاقلار ۋە خۇلاسىلەرمۇ بار.

(1) «كۈيلەرنىڭ كۈيى» دېگەن كىتاب خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىزگە روشەن ئۇلگە ئارقىلىق ئەر-ئاياللىق مۇھەببەتكە، جۈملىدىن جىنسىيەتكە بولغان پوزىتسىيەنى كۆرسىتىش يولىدا ئاتا قىلىنغان. شۇنداق پوزىتسىيە بولسا ئەر-ئاياللىق مۇھەببەتنى خۇدانىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئېلىش، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپ مىننەتدار بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

(2) جىنسىي مۇھەببەت خۇدانىڭ مەقسىتىدە پەقەت نىكاھ ئۆتكۈزگەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنى ئىچىدىلا بولۇشى كېرەك.

(3) خۇدانىڭ جىنسىيەتتە بولغان مەقسەتلىرى: —

(ئا) پەرزەنت كۆرۈش («يار.» 28:1)

(ئە) بىر تەن بولۇش ئۈچۈن («يار.» 2:23-25)

(بۇ «بىر تەن» بولۇشنىڭ ناتوغرا يولدىمۇ بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار — «كورىنتلىقلارغا (1)»، 6:16نى كۆرۈڭ).

(ب) ئەر-ئايالىق مۇھەببەتكە لەززەت كەلتۈرۈش.

بۇ مەقسەت «كۈي»دە تەكىتلىنىپ روشەن كۆرۈنىدۇ؛ ئۇ گۈزەل بىر ئىش، ئۇنى ئۈمىد ۋە مىننەتدارلىق بىلەن كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

كۆرسىتىپ ئېيتىمىزكى، خۇدانىڭ ئەر-ئاياللىقتا بولغان بىرىنچى مەقسىتى دوستلۇق، ھەمراھلىق ۋە بىر-بىرىدىن ھوزۇرلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى («يار.» 2:18). پەرزەنت كۆرۈش ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرزەنت كۆرمەسلىك سەۋەبىدىن ئاجرىشىش خۇدا ئالدىدا ئېغىر گۇناھدۇر.

(4) خۇدانىڭ جىنسىي مۇھەببەتتە بولغان تولۇق ئىرادىسى بولسا، نىكاھلىق ئەر-ئايال مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك، ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇنىڭ تولۇق مەقستى پەقەت يېتىلگەن مۇھەببەت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنداق مۇھەببەت ئىبرانىي تىلدا «ئاخاۋاھ»، گرېك تىلدا «ئاگاپە» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «ئاخاۋاھ» دېگەن سۆز «كۆيي»دىكى كۆپ ئايەتلەردە كۆرۈنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس كىتابقا ئاساسلانغان، ياخشى بىر خىل «نىكاھ شەكلى»دە تويغا مەسئۇل كىشى ئاۋۋال يىگىتتىن، ئاندىن قىزدىن: «سەن جورەڭنىڭ ئەھۋالى قانداقلا بولسۇن، باي بولسۇن كەمبەغەل بولسۇن، ساق بولسۇن ئاغرىق بولسۇن، ئۇستۇن بولسۇن، تۆۋەن بولسۇن ئۆلۈم ئىككىڭلارنى ئايرىۋەتكۈچە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ، پەقەت ئۇنىڭغىلا شەرتسىز مۇھەببەت بىلەن باغلىنىشقا رازىمۇسەن؟» دېگەن سوئالنى سورايدۇ.

(5) «يار.» 24:2دە مۇنداق سۆز تېپىلىدۇ: «شۇ سەۋەبتىن (خۇدانىڭ بېكىتكەنلىكىدىن) ئوغۇل بالا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئايالىغا باغلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولىدۇ». باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، شۇنى تەكرارلىماقچىمىزكى، مۇقەددەس كىتابقا ئاساسەن توي قىلغاندا يىگىت ئەر-ئايال يېپيېڭى بىر ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن (يىگىتنىڭكىدىن بولسۇن، قىزنىڭكىدىن بولسۇن) «چىقىش»ى كېرەك. بۇنداق قىلىش ئاتا-ئانىلارغا ھۆرمەتسىزلىك ئەمەس. چۈنكى ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، جۈملىدىن ياشانغاندا ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىش بۇرچى بولسا مۇقەددەس كىتاب («مىس.» 12:20، «1تىم» 4:5)دىمۇ ئېنىق بۇيرۇلغان. بىراق خۇدانىڭ تەرتىپى بويىچە، يىگىت-قىز توي قىلغاندىن كېيىن، يىگىت ئۇلارنىڭ يېڭى ئائىلىسىنىڭ بېشى بولىدۇ؛ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ خۇدا ئالدىدا ئۇنىڭ بىرىنچى مەسئۇلىيىتى ئۆز ئايالىغا، ئاندىن باللىرىغا بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا نەتىجىسى كۆڭۈلسىزلىك، جېدەل-ماجىرا ۋە زىددىيەتلەرنىڭ مۇمكىنچىلىكى خېلى چوڭ بولىدۇ.

(6) شۇلامت سۇلايماننى «مېنىڭ بېشىم» دەپ روشەن تونۇيدۇ. سۇلايمان ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گالىلىيەگە كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ سۇلايمانغا ئەگىشىپ يېرۇسالېمغا كېلىدۇ. مۇقەددەس كىتاب بويىچە «ئەر ئۆز ئايالىنىڭ بېشى» دېگىنىمىز «ئەر ئايالىنىڭ دىكتاتورى» دېگەنلىك ئەمەس؛ ئەر «باش» بولسا، ئايال ئۇنىڭ «تېنى» بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ («ئۇلار «بىر تەن» بولىدۇ»). «باش» ئۆزىنىڭ تېنىدىن ئايرىلالمايدىغاندەك، تېنىدىن تەبىئىي ھالدا ھەردائىم خەۋەر ئالىدىغاندەك، ئەرنىڭ ئۆز ئايالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۆزى خۇداغا بويسۇنغان ھالدا ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك رول ئويناش مەسئۇلىيىتى باردۇر. بۇنداق دېگىنىمىز «ئايال ئېرىگە تەشەببۇس قىلسا بولمايدۇ» دېگەنلىكمۇ ئەمەس. چۈنكى شۇلامت سۇلايمانغا بىر نەچچە قېتىم تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە سۇلايمان ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ (2:15، 7:10-12).

(7) ئۇنىڭ «بېشى» بولغىنى بىلەن، سۇلايمان شۇلامىتنى ئۆز مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلمايدۇ (4:1-8دە خاتىرىلەنگەن چۈشنى كۆرۈڭ). «باسقۇنچىلىق» پەقەت ئەر-ئاياللىقنىڭ سىرتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. سۆيگۈ بولسا ھەردائىم سۆيگەن كىشىگە ئەركىنلىك بېرىدۇ. يېتىلگەن، تولۇق مۇھەببەت سۆيگىنىنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشقا ئەركىنلىك بېرىدۇ؛ گەرچە سۆيۈملۈك كىشىسىگە كۆپ ئۈمىدلەرنى باغلىغان بولسىمۇ ياكى ئۇ توغرۇلۇق خۇدادىن كۆپ تىلەكلەرنى تىلىگەن بولسىمۇ، مۇھەببەت بىلەن سۆيگەن كىشىسىدىن «بەرمىسەڭ بولمايدۇ» دېگەندەك تەلەپلەرنى ھەرگىز قىلمايدۇ. كۆتكەن ئۈمىدلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن ئاشۇرۇلمىسۇن، ھەقىقىي مۇھەببەتتە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن، 4:6-9دە سۇلايمان شۇلامىتنى تەرىپلەيدىغان سۆزلەرنى بايقايمىز. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىلگىرى توي كۈنى كەچتىكى تەرىپلىرىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاش. گەرچە شۇلامىتنىڭ (ئۇنىڭ ئىككىنچى چۈشى ئىسپاتلىغاندەك، 4:1-8) سۇلايماننىڭ مۇھەببىتىگە سەزگۈر بولۇشتىن سوۋۇغان بولسىمۇ، سۇلايماننىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى، ئۇنىڭغا باغلىغان مۇھەببىتىدە ھېچ ئۆزگىرىش بولمىدى.

ھەقىقىي، تولۇق مۇھەببەت پەقەت خۇدانىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئوتى كۆكلىمىزدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن (7:8)، بىز ئۇنىڭ مەسىھ ئارقىلىق بولغان دوستلۇقىدا بولساق ئاندىن شۇنداق مۇھەببەت بىزدە بولماي قالمايدۇ.

(8) شۇلامىت ئۆزىنىڭ كەمچىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇپ يەتكەن (1:5-6، 1:2). بەزىلەر «ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى تونۇپ يېتىش كىچىك پېئىللىق ئەمەس» دەيدۇ. لېكىن بىز باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك تەكرارلايمىزكى، كىچىك پېئىللىق ــ رېئاللىقتا يۈزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، خالاس. بىزدە تالانت، گۈزەللىك ۋە ھەرخىل ئارتۇقچىلىقلار بار بولسا ئۇلارنى خۇدا بەرگەندۇر؛ شۇڭا كىچىك پېئىللىق دېگەن بىزدىكى گۈزەللىك ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى «ياق، مەندە يوق» دەپ ئېتىراپ قىلماسلىق ئەمەس، بەلكى مىننەتدارلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مەنبەسى ھەممىگە قادىرنىڭ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر. بىز ھەرگىز بىزدە بولغان تالانتنى ««ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدە بولغانلىقىمىز»دىن چىققان» دېمەيمىز؛ ئۇنداق دېسەك ھاكاۋۇرلۇق بىزنى ئالداپ ئېگىلىۋالىدۇ.

(9) شۇلامىت دەسلەپتە مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ ھۆسن-جامالىنى ئاسرىيالمىغانلىقىغا بولغان ھەسرىتىنى بىلدۈرىدۇ (1:6). توي قىلغاندىن كېيىنمۇ قولىمىزدىن كېلىشىچە ئۆز جۆرىمىزنى سۆيۈندۈرۈشكە «دەسلەپتە مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن كۈنلىرىمىز»دە بولغان ئىسكەتىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۆزىنى تاشلىۋېتىش مۇھەببەتكە سوغۇق سۇ سەپكەندەك ئىشتۇر.

(10) ئەر-ئايالىقتا جىنسىي جەھەتتىن سىرت، مۇھەببەتنى يەنە ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىز 10:3دە سۇلايماننىڭ ئەل-يۇرت ئالدىدا شۇلامىتقا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، توي سەپىرىگە ئالاھىدە تەييارلىغان تەختىراۋاننى كۆرىمىز. ئۇنى «ئۆز يۇرتىدا تۇرغاندەك» ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن سۇلايمان يەنە ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىنى ئالاھىدە بېزىگەن (1:16-17). بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا ئىمكانىيىتى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھەرھالدا ئايالغا

نىسبەتەن ھۇجرىنىڭ ئالاھىدە ئورۇن ئىكەنلىكى، ئىمكان قەدەر ئۇنى سەرەمجان ساقلاش ئەرلەرنىڭ دىققىتىگە ئەرزىيدۇ.

(11) ئەر-ئاياللىقتا جىنسىي جەھەتتىن باشقا، مۇھەببەتنى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. تەرىپلىگۈدەك پۇرسەت بولسىلا سۇلايمان ۋە شۇلامىت يۇرت ئالدىدا بىر-بىرىنى تەرىپلەيدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىدە كۆڭۈلسىزلىكلەر بولغان بولسىمۇ (شۇلامىت كۆرگەن چۈش، (1:4-8)، سۇلايماننىڭ ئۇنى تەرىپلەيدىغانلىقى بۇ ئىشتىن ئۆزگەرمىدى. ئۇ خەق ئالدىدا ھەرگىز ئۇنى ئەيىبلىمىدى.

ھەربىر ئايال ئۆز ئېرىدىن «سىنى سۆيىمەن» دېگەن سۆزنى پات-پات ئاڭلاشقا تەشنادۇر (شۇنىمۇ دەپ ئۆتىمىزكى، ھەربىر بالىمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ «سىنى سۆيىمەن» دېگەن سۆزنى پات-پات ئاڭلاشقا تەشنادۇر).

سۇلايمان ۋە شۇلامىت دائىم ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىنى بىر-بىرىگە ئېيتىدۇ. خۇدا ئەر-ئاياللارنى پەرقلىق ياراتقان؛ شۇڭا: «سەن مەندە قانداق ھېسسىياتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىشىڭ كېرەك!» ياكى «مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلمەمسەن!» دېيىش، ئادەتتە چوڭ بىر خاتالىق بولىدۇ. ئەرلەر ئاياللارنى ئاسان چۈشىنەلمەيدۇ، ئاياللارمۇ ئۆز ئەرلىرىنى ئاسان چۈشىنەلمەيدۇ، بىر-بىرىنى ئوبدان چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك؛ شۇڭا بىر-بىرىگە بولغان ھېسسىياتلار، ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى بىلدۈرۈشكە ئەركىنلىك ۋە پۇرسەت يارىتىش كېرەك. ھەربىر ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنىڭ ھەممىسىنى قاندۇرۇپ كېتىش ناتايىن، ئەلۋەتتە؛ بىراق مۇھەببەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بىر-بىرىنى ئاڭلاش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

## (12) (15:2) «تۈلكىلەرنى تۇتۇۋالايلى، يەنى ئۈزۈمزارلارنى بۇزغۇچى كىچىك تۈلكىلەرنى تۇتۇۋالايلى»

ھەربىر مۇناسىۋەتتە مۇھەببەتنى بۇزىدىغان، كۆرۈنۈشتە «كىچىك» بولغان مەسىلىلەر بولىدۇ. شۇلامىت تېخى توي قىلماستىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى بايقاپ، بىر تەرەپ قىلىشقا تەشەببۇس قىلىشى بىزگە ياخشى ئۈلگىدۇر. دوستلۇقتا ياكى ئەر-ئاياللىقتا مەۋجۇت بولغان مەسىلىلەر ئۆزلىكىدىن ھەرگىز يوقىمايدۇ، ئەكسىچە دائىم ئەدەپ كېتىدۇ.

(13) سۇلايمان پادىشاھ بولۇپ، مەملىكەت ئىشلىرى كۆپ بولغىنى بىلەن، شۇلامىتنىڭ تەلىپى بويىچە مەخسۇس ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشقا ۋاقىت ئاجراتتى («يۈرتىنى يوقلاش»، 11:7دىن باشلانغان قىسمىنى كۆرۈڭ). ھەربىر ئايال يولدىشىنىڭ ئۆزىگە ئايرىم ھەمراھ بولۇشقا ۋاقىت ئاجرىتىشىغا موھتاج (ھەربىر بالىمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئايرىم ھەمراھ بولۇشىغا موھتاج).

(14) شۇلامىت سۇلايماننى «دوستۇم» دەپ ئاتايدۇ (بىز «ئامرىقىم» دەپ تەرجىمە قىلغان سۆز بۇ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 9:1، 15:1، 2:2، 10:2، 13:2، 1:4، 7:4، 2:5 ۋە 4:6). بۇ سۆز ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنىڭ كەڭ مەنىلىكلىكىنى ۋە ئۇنىڭدا بولغان بىرخىل باراۋەرلىكنى بىلدۈرىدۇ؛ «دوستۇم» دېگەن سۆز، «سۆيگىنىم» ياكى «سۆيۈملۈكۈم»نىڭ مەنىسىدىن كەڭ بولىدۇ. بىراق دوستلۇقى يوق، ئۆز-ئارا ھەقىقىي ئالاقە-پاراڭ بولماي، پەقەت بىرخىل «ئۆمۈر سودىسى» سۈپىتىدە بولۇپ كەلگەن قانچىلىغان ئەر-ئايالىق مۇناسىۋەتلەر باردۇر؟

(15) ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە جىنسىي مۇھەببەتنى ئىپادىلەشتە ئۆگىنىشكە تەييار بولۇشى كېرەك. بۇنداق پوزىتسىيە ھەردائىم شۇلامىتتا، بولۇپمۇ ئىرىنىڭ مۇھەببىتىگە يېڭى ئۆزگىرىش ۋە يېڭى سەزگۈرلۈكنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىپادىلەنگەن (2:5-8دە خاتىرىلەنگەن چۈشتە كۆرۈنىدۇ).

(16) مۇھەببەتنىڭ «ۋاقىت-سائىتى»نىڭ مۇھىملىقى، يەنى جۆرىسىنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە ھېسسىياتلىرىغا سەزگۈر بولۇش كېرەكلىكى كۆپ قېتىم تەكىتلىنىدۇ (7:2، 5:3، 4:8)

(17) 12:4 سۇلايمان شۇلامىتقا نومۇسنى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ: «پېچەتلەنگەن بىر باغ مېنىڭ سىڭلىم، مېنىڭ جۆرەمدۇر؛ ئېتىكلىك بىر بۇلاق، يېپىقلىق بىر فونتاندۇرسەن».
خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە، توي قىلماستىن جىنسىي مۇھەببەتنى «مەشق قىلىش» بولمايدىغان ئىش. ھالبۇكى، يىگىت ياكى قىز تويدىن ئىلگىرى

جىنسىي گۇناھ ئارقىلىق بۇلغانغان بولسا، خۇداغا تەشەككۈر، ئۇنىڭ مەسىھدە بولغان نىجات-قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق پاكلاندۇرۇلۇشىنىڭ ئىمكانىيىتى يەنىلا بار.
«شۇنىڭ بىلەن بىرسى مەسىھدە بولسا، ئۇ يېڭى بىر يارىتىلغۇچىدۇر! كونا ئىشلار ئۆتۈپ، مانا، ھەممە ئىش يېڭى بولدى!» (ئىنجىل، «2كور.» 17:5).

(18) خۇدانىڭ بىزگە نېسىۋە قىلغان ھەربىر ياخشى سوۋغىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولايلى، ئۇ ھەربىرىمىزگە باغلىغان مۇھەببەتكە ئىشىنەيلى.
(ئىنجىل، «يۇھاننا» 10:10) «مەن (ئەيسا) بولسام ئۇلار ھاياتلىققا ئېرىشسۇن ۋە ئۇ ھاياتلىق مول بولسۇن، دەپ كەلدىم».
(ئىنجىل «1تىم» 4:4) «چۈنكى خۇدا ياراتقان ھەممە نەرسە ياخشىدۇر، ئۇلار تەشەككۈر ئېيتىشلار بىلەن قوبۇل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەكلەپ رەت قىلىشقا بولمايدۇ».
(ئىنجىل «1تىم» 17:6) «بۇ زاماندا باي بولغانلارغا مەغرۇرلانماسلىقنى، تايانغۇسىز ئۆتكۈنچى بايلىققا ئەمەس، بەلكى بىز بەھرىمەن بولۇشقا ھەممىنى بىزگە سېخىيلىق بىلەن تولۇپ تاشقان ھالدا تەمىنلىگۈچى خۇداغا تايىنىپ ئۈمىد باغلاشنى تاپىلىغىن».

## سۇلايماننىڭ ھاياتىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى

مەزكۇر كىتابتا رومانتىك مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ (6:8). ئۇنىڭدا يەنە سۇلايمان ۋە شۇلامىت ئۆزئارا سادىق بولۇشقا ۋەدىلەشكەنلىكى (6:8-7)، شۇڭلاشقا سۇلايماننىڭ شۇلامىتنى «ئاتمىش خانىشى، سەكسەن كېنىزىكى ئارىسىدا» ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي سۆيگىنى دەپ بايان قىلغانلىقى خاتىرىلىنىدۇ (8:6-9). ئەمدى بۇنى ئوقۇغانلار سۇلايماننىڭ ھاياتىنىڭ كېيىنكى تارىخىغا ئەجەبلىنىدۇ («ھېكمەت توپلىغۇچى»تىكى «قوشۇمچە سۆز»نى بىز بۇنىڭ ئۈستىدە توختالدۇق).

سۇلايماننىڭ كېيىنكى تارىخى تەۋراتتىكى «1پاد.» 10-11-بابلاردىن تېپىلىدۇ؛ تۆۋەندە بىز بۇ يەرلەردىن بەزى سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرىمىز. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال خۇدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىغا قالدۇرغان پەرمانلارنىڭ بەزىلىرىنى كۆرەيلى:

«قان.»، 17-بابتىن، 17-19: —

«پادىشاھ كۆپ ئاياللارنى ئۆز ئەمرىگە ئالماسلىقى كېرەك؛ بولمىسا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېزىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈشنى كۆپەيتمەسلىكى كېرەك.

پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىدا ئۇ ئۆزى ئۈچۈن لاۋىي كاھىنلارنىڭ ئالدىدا مۇشۇ قانۇننى بىر دەپتەرگە كۆچۈرۈپ پۈتۈشى كېرەك. شۇ دەپتەر ئۇنىڭ يېنىدا دائىم بولۇشى ۋە ئۇنى ئۆمرىنىڭ بارلىق كۈنلىرىدە ئوقۇشى كېرەك؛ شۇنداق قىلسا ئۇ پەرۋەردىگار خۇداسىدىن قورقۇپ، مۇشۇ قانۇننىڭ سۆزلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تۇتۇپ ئۇلارغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىدۇ...».

«1پاد.» 10-11-بابلاردىن: —

سۇلايمان پادىشاھ يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلاردىن بايلىقتا ۋە دانالىقتا ئۈستۈن ئىدى. خۇدا سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە سالغان دانالىقنى ئاڭلاش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكىلەر ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش ئارزۇسى بىلەن كېلەتتى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز سوۋغىتىنى ئېلىپ كېلەتتى؛ ئۇلار كۈمۈش قاچا-قۇچىلار، ئالتۇن قاچا-قۇچىلار، كىيىم-كېچەكلەر، دۇبۇلغا-ساۋۇتلار، تېتىتقۇلار، ئاتلار ۋە قېچىرلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلار ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا شۇنداق قىلاتتى.

ۋە سۇلايمان جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يىغدى...

پادىشاھ يېرۇسالېمدا كۈمۈشنى تاشتەك كۆپ قىلدى...

(11-باب)

لېكىن سۇلايمان پادىشاھنىڭ كۆڭلى پىرەۋننىڭ قىزىدىن باشقا كۆپ چەتئەللىك ئاياللارغا، جۈملىدىن موئابىي، ئاممونىي، ئېدومىي، زىدونىي، ھىتتىي ئاياللىرىغا چۈشكەنىدى. پەرۋەردىگار ئەسلىدە مۇشۇ ئەللەر توغرۇلۇق ئىسرائىللارغا: «ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئىزدەپ بارماڭلار، ۋە ئۇلارنى سىلەرنىڭكىلەرگە كىرگۈزمەڭلار؛ چۈنكى ئۇلار چوقۇم كۆڭۈللىرىڭلارنى ئۆز مەبۇدلىرىغا ئازدۇرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. بىراق سۇلايماننىڭ كۆڭلى دەل شۇلارغا باغلاندى. ئۇنىڭ يەتتە يۈز ئايالى، يەنى خانىشى ۋە ئۈچ يۈز كېنىزىكى بار ئىدى؛ ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئازدۇرۇپ بۇرىۋەتكەنىدى.

شۇنداق بولدىكى، سۇلايمان ياشانغاندا، ئۇنىڭ ئاياللىرى كۆڭلىنى باشقا ئىلاھلارغا ئازدۇرۇپ بۇرىۋەتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاتىسى داۋۇتنىڭكىدەك پەرۋەردىگار خۇداسىغا مۇتلەق سادىق بولمىدى.

شۇڭا سۇلايمان زىدونىيلارنىڭ مەبۇدى ئاشتاروتنى، ئاممونىيلارنىڭ يىرگىنچلىك مەبۇدى مىلكومنى ئىزدىدى؛ شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىللىك قىلدى؛ ئۇ ئاتىسى داۋۇت پەرۋەردىگارغا ئەگەشكەندەك ئىزچىللىق بىلەن ئەگەشمىدى.

ئاندىن سۇلايمان يېرۇسالېم ئالدىدىكى ئېدىرلىقتا موئابىيلارنىڭ يىرگىنچلىك مەبۇدى كېموش ھەم ئاممونىيلارنىڭ يىرگىنچلىك مەبۇدى مىلكوم ئۈچۈن بىر «يۇقىرى جاي»نى ياسىدى؛ شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ مەبۇدلىرىغا خۇشبۇي ياقىدىغان ۋە قۇربانلىق قىلىدىغان ھەربىر چەتئەللىك ئايالى ئۈچۈنمۇ ئۇ شۇنداق قىلدى؛ شۇڭا پەرۋەردىگار سۇلايماندىن رەنجىدى؛ گەرچە ئۇ ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ۋە ئۇنىڭغا دەل مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق، يەنى باشقا ئىلاھلارنى ئىزدىمەسلىكنى تاپىلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگاردىن ئايىنىپ كەتتى؛ ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ تاپىلىغىنىغا ئەمەل قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار سۇلايمانغا مۇنداق دېدى: ــ «سەن شۇنداق قىلغۇچىرىپ، مېنىڭ ساڭا بۇيرۇغان ئەھدەم بىلەن بەلگىلىرىمنى تۇتمىغىنىڭ ئۈچۈن، مەن جەزمەن

پادىشاھلىقنى سەندىن يىرتىۋېتىپ خىزمەتكارىڭغا بېرىمەن».
بىز: – «ئۇنداق قورقۇنچلۇق بىر «تېيىلىپ كېتىش» قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟»
دەپ سورىشىمىز مۇمكىن. خۇدا سۇلايمانغا شۇلامىتنى («سۇلايمان خانىم» –
«شۇلامىت»نى شۇنداق تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ) ئۇنىڭ ھەقىقىي يارى بولۇشقا
تەقدىم قىلغان دەپ ئىشىنىمىز. شۇلامىتنىڭ كىچىك پېئىللىقى، ئۆز خەلقىگە
بولغان ھۆرمىتى (12:6) ئۇنى سۇلايمانغا «مۇكەممەل ياردەمچى ھەمراھ»
بولۇشقا لايىق قىلغان؛ ئۇنىڭ سۇلايماننىڭ ھەردائىم ئۆز پۇقرالىرى بىلەن بولغان
مۇناسىۋەت-ئالاقىسىنى ساقلاشقا، ئۇنى يۇقىرى مەنسەپتە ئولتۇرغۇچى ھەربىرسى
ئۇچرايدىغان خەتەردىن، يەنى ھاكاۋۇرلۇقتىن ساقلاشقا تولۇق سالاھىيىتى بار
ئىدى. گەرچە سۇلايماندا زور دانالىق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان
ھەممە ئىمتىيازلار بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تەۋراتتىكى نۇرغۇن قىسىملار
بولغىنى بىلەن، پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭغا ئالاھىدە يەتكۈزگەن سۆزلەر بولغىنى بىلەن،
پەرۋەردىگار بىۋاستە ئىككى قېتىم ئۇنىڭغا كۆرۈنگىنى بىلەن («1پاد.» 3:5-15،
9:1-9)، خۇدا ئۇنىڭغا بېكىتكەن شۇنداقلا ئۆزىنى تولۇمۇ سۆيگەن لايىق ھەمراھى
بولغىنى بىلەن، يىغىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا تىلىگۈدەك بارلىق بەخت-
بەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىم قىلىنغىنى بىلەن – ئۇ يەنىلا پەرۋەردىگارنىڭ
يولىدىن چىقىپ كەتتى.
بۇ ئادەمنى ھەقىقىي ئەجەبلەندۈرىدىغان بىر ھادىسە، ھەممىمىز ئۇنىڭدىن
چوڭقۇر ساۋاق-ئاگاھ ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىزگە «پەند-نەسىھەتلەر» دېگەن
ئۇلۇغ كىتابىدا «پەرۋەردىگاردىن قورقۇش دانالىقنىڭ باشلىنىشىدۇر» دەپ
ئېيتقان كىشىنىڭ ئۆزى پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنمىشتىن تەزدى. بەرھەق، يەرەمىيا
پەيغەمبەر دېگەندەك: «قەلب ھەممىدىن ئالدامچى ۋە ئۇنىڭ داۋاسى
يوقتۇر. كىممۇ ئۇنى چۈشىنەلىسۇن؟!». روسۇل پاۋلۇس:
««مەن ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇۋاتىمەن» دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ
يىقىلىپ كېتىشىدىن ھېزى بولسۇن» – دەپ ئاگاھ بېرىدۇ («1كور.»
10:12).
ئەگەر سىز بۈگۈن مەسىھ ئارقىلىق خۇدانىڭ ئېتىقادىدا تۇرغان بولسىڭىز، خۇداغا
تەشەككۈر ئېيتىڭ – بىراق ھەرگىز ئۆزىڭىزنى «يىقىلىپ كەتكەن» سۇلايماندىن ياكى

«خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدىن سۇندۇرۇلغان» يۈرتداشلىرى بولغان يەھۇدىي خەلقىدىن ئارتۇق چاغلىماڭ.

ئىنجىل، «رىم.»، 11:20-21 «توغرا، ئۇلار ئېتىقادسىزلىقتىن سۇندۇرۇلدى؛ سەن بولساڭ، ئېتىقادىڭ بىلەن تىك تۇرىسەن؛ بىراق ئۆزۈڭدىن مەغرۇرلانما، ئەكسىچە خۇدادىن قورق! چۈنكى خۇدا ئەينى ۋاقىتتا بۇ دەرەخنىڭ ئۆز شاخلىرىنى (سۇلايمانىدەك بارلىق ئىمتىيازلىرى بولغىنى بىلەن، ئېتىقات قىلىشنى رەت قىلغان يەھۇدىيلارنى) ئايىمىغانىكەن، سېنىمۇ ئايىماسلىقى مۇمكىن» (تىرناق ئىچىدىكى سۆز ئۆزىمىزنىڭكى).

ئىنجىل «1كور.» 12:10 –

««مەن ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇۋاتىمەن» دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن ھېزى بولسۇن».

ھەممىمىزنى سۇلايماننىڭكىدەك تېيىلىشتىن ساقلايدىغان ئاددىي بىر ئىش – ھەركۈنى خۇدانىڭ سۆزىدىن، يەنى مۇقەددەس كىتابتىن بىر قىسمىنى (ئۆز تىلىدا، ئەلۋەتتە) ئوقۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئازراق ئويلىنىشتىن ئىبارەت (يۇقىرىدا، «قان.» 17:19نى كۆرۈڭ).

خۇدا ھەممىمىزنى ساقلىسۇن – ۋە ئارىمىزدىكى بالا-چاقىلىق بولغانلارغا ئائىلىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تەمگە ئۆز شاد-خۇراملىقى ۋە ئارام-خاتىرجەملىكىنى سىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەسىھدە بولغان شەرتسىز، تىلسىمات مۇھەببىتىنى ئاتا قىلغاي!

# تەۋرات 23-قىسىم

# «يەشايا»

(يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەرلىك كىتابلىرىدىن ئەڭ ئۇلۇغلاردىن بىرى تۇرىدۇ – يەنى تەۋرات 23-قىسىم، يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى («يەشايا»).

خاتىرىلەنگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن يەشايانىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتى يەھۇدا پادىشاھى ئۇززىيا ئۆلگەن يىل (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 740-يىلى) باشلانغان، شۇنداقلا پادىشاھلار يوتام، ئاھاز ھەم ھەزەكىيالار تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 686-يىلىغىچە ئەللىك تۆت يىل داۋام قىلغان. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتى بەلكىم ھەم شۇ مەزگىلدىن ئىلگىرى، يەنى ئۇززىيا تەختتە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى (دېمەك، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 740-يىلىدىن بۇرۇن) ھەم رەزىل پادىشاھ ماناسسەھنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىدىمۇ (دېمەك، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 686-يىلىدىن كېيىن) بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق بۇ توغرۇلۇق يازما خاتىرىلەر مەۋجۇت ئەمەس.

يەشايا بەزىدە «پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبىرى» دەپ ئاتىلىدۇ – ئۇ خۇدا توغرىسىدىكى خاتىرىلەنمە سۆپىتىدە ھەتتا تەۋراتتىكى باشقا ئۇلۇغ قىسىملار ئىچىدە تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىھ دۇنياغا كەلگۈچە، يەنى ئىنجىل دەۋرىگىچە ئۇنىڭ خۇدا توغرۇلۇق بەزى ئېيتقانلىرىنى ھېچقانداق باشقا پەيغەمبەر ئېيتىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كىتابىدىكى مۇھىم تېمىلارنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلىسەك بولىدۇ: –

(1) دۇنياغا بىر قۇتقۇزغۇچى كېلىدۇ. مۇشۇ قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى يەشايا كىتابىدا سۈپەتلىنىدۇ. ئۇ بولسا: — (ئا) داۋۇت پادىشاھنىڭ جەمەتىدىن چىقىدىغان بىر پادىشاھ؛ (ئە) دۇنيادىكى بارلىق گۇناھلارنى ئۆز ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قۇربانلىق بولغان، خۇدانىڭ قۇلى؛ (ب) ئاخىرقى زامانلاردا دۇنيانى سوراق قىلىشقا ئاسماندىن چۈشىدىغان، خۇداغا ۋەكىل بولىدىغان پادىشاھ.

يەشايا كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇشۇ قۇتقۇزغۇچى بولسا، «خۇدانىڭ مەسىھ قىلغىنى» ياكى «مەسىھ» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۇ قۇدرەتلىك، كارامەت ھەم مۆجىزىلىك ئىشلارنى يارىتىشقا خۇدانىڭ روھى ۋۇجۇدىغا چۈشكەن كىشىدۇر. «مەسىھ»كە بويسۇنۇپ، سۆزىگە ئىتائەت قىلغان بارلىق كىشىلەر ھاياتقا ئېرىشىدۇ؛ ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلار مەڭگۈگە ھالاك بولىدۇ.

(2) «خۇدانىڭ شەھىرى» (يەنى «قۇددۇس»، يېرۇسالېم ياكى «زىئون») ۋە «خۇداغا يات شەھەر» (بابىل، «مۇشۇ دۇنيادىكى شەھەر»). زىئونغا تەۋەدىكىلەرنىڭ پارلاق كېلەچىكى؛ «مۇشۇ دۇنيادىكى شەھەر»دىكىلەرنىڭ چوڭ بالايىئاپەتكە يۈزلىنىشى.

(3) خۇدانىڭ پاك-مۇقەددەسلىكى. خۇدا مۇقەددەسلىكى ھەم ئۆزىنى ئىسرائىلغا مەڭگۈلۈك باغلىغانلىقى بىلەن: «ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى» — دېيىلىدۇ.

(4) خۇدا دۇنيادىكى بارلىق تارىخنى ئىدارە قىلغۇچى، شۇنداقلا ئۆز خەلقىنىڭ بەخت-بەرىكىتىنى كۆزلەپ بارلىق تارىخنى باشقۇرغۇچىدۇر. ئۇ كەلگۈسى ئىشلارنى تېخى يۈز بەرمىگەن چاغلاردىمۇ بىلگەچكە، ئۆز خەلقىنى ئىشەنچ-ئېتىقادىدا ھەم ئۆزىگە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغاندا ئۇلارغا بەزى ئىشلارنى (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) ئالدىنئالا ئېيتىدۇ.

(5) ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىگە تايىنىشى خۇداغا يىرگىنچلىكتۇر؛ خۇداغا تايانغانلار ئۇنىڭ خۇرسەنلىكى بولىدۇ؛ ھەتتا مۇشۇ دۇنيادىكى بارلىق جاپا-مۇشەققەتلەر، دەرد-ئەلەملىك ئىشلار ئارىسىدىمۇ ئۇ ئۇلارغا ئارام-خاتىرجەملىك بېرىدۇ.

كۆرۈنۈشتە يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ ئائىلىسىدە ياكى ئاقسۆڭەك بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان؛ ئۆزىنىڭ كىتابىدىن ھەم تەۋراتتىكى باشقا بەزى قىسىملاردىن كۆرۈندۇكى، ئۇ ئوردىغا كىرىپ-چىقىشقا ھوقۇقلۇق، شۇڭلاشقا ئوردىدىكى بارلىق

ئىشلارغا، جۈملىدىن پادىشاھنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىگە (مەيلى مەخپىي ياكى مەخپىي بولمىسۇن) ناھايىتى تونۇش ئىدى. يەنە ئوچۇق كۆرۈندۇكى، مۇشۇ «يۇقىرى مۇناسىۋەت» ئۇنىڭغا نىسبەتەن «ھېچنېمە» ھېسابلانمايتتى. ئۇنىڭ ئەللىك يىللىق پەيغەمبەرلىك خىزمىتى داۋامىدا، ئۇ ھېچ قورقماستىن پادىشاھلارغا، چەتئەللىك ئەلچىلەرگە، كاھىنلار ۋە ھەرخىل دىنىي ئەربابلارغا، سوتچىلارغا ھەم ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا قاتتىق تەنبىھ ھەم ئاگاھلارنى بېرىشتىن باش تارتماي كەلگەن. ئۇ يەتكۈزگەن بايان-خەۋەرلەرگە خەلق ئىشەنمەي مازاق قىلىپ كەمسىتسىمۇ، ئۇ يەنىلا خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ خۇدا تەرىپىدىن پەيغەمبەر بولۇشقا «تولۇق چاقىرىلىشى» مەزكۇر كىتابنىڭ 6-بابىدا بىز ئۇچۇن خاتىرىلەنگەن. بۇ چاقىرىلىش نېمىشقا بىرىنچى بابتا ئەمەس، بەلكى 1-بابتىن 5-بابقىچە خاتىرىلەنگەن خەۋەرلەردىن كېيىن كېلىدۇ؟ ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇكى، بىز مۇشۇ ئاۋۋالقى (1-5-بابتىكى) خەۋەرلەردىن ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىغا خۇدانىڭ تەنبىھ بەرگۈچى «قورالى» بولغانلىقىنى بىلىمىز؛ 6-بابتىكى چاقىرىلىش ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھقا چۆمگەنلىكىنى ھەم گۇناھنىڭ چوڭقۇر يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىنى سەزگەنلىكىنى بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇشۇ ئالدىنقى بەش بابتا ئىسرائىل ھەم يۇقىرىلىرىغا بەش قېتىم «ھالىڭلارغا ۋاي!» دەپ جاكارلايدۇ، كېيىن ئۇ خۇدانىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈپ: «ئۆزۈمگە ۋاي!» دەپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئۇنى ئەڭ ئازابلىغان گۇناھلىرى ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز، ناپاك گەپ-سۆزلىرى ئىدى؛ بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئادەملەرنى بۇلغايدىغان گۇناھلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى سىزىپ: —

«ئۆزۈمگە ۋاي! مەن تۈگەشتىم! چۈنكى مەن لەۋلىرى ناپاك ئادەممەن ھەم ناپاك لەۋلىك بىر خەلق بىلەن ئارىلىشىپ تۇرۇپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن پادىشاھقا، يەنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا قارىدىم!» — دېدى.

ئۇنىڭ نالە-پەريادىنى ئاڭلىغان رەب پەرىشتىسىنى قۇربانگاھدىن بىر چوغنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزۈشكە بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى جاكارلاندى (يەشايا بۇ بىر ۋەقەدىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنىڭ قۇربانگاھ بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندى؛ كېيىنرەك مۇشۇ خەۋەر مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ). خۇدانىڭ: «مەن كىمنى ئەۋەتىمەن ۋە كىم بىزگە ۋەكىل بولۇپ بارىدۇ؟» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يەشايا ئۆزىنى كۆرسىتىپ: «مانا مەن! مېنى ئەۋەتكەيسەن» ــ دېدى.

خۇدا ئۇنىڭغا: «گېپىڭنى ئاڭلاشنى رەت قىلىدىغان مۇشۇ خەلقىڭگە سېنى ئەۋەتىمەن؛ ئۇلار خەۋىرىڭنى ئاڭلىغانسېرى باغرىنى تېخىمۇ قاتتىق قىلىدۇ» ــ دەيدۇ. بۇ بولسا كىشىلەر ئانچە ياقتۇرمايدىغان بىر ۋەزىپىدۇر! شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئازابلىنىپ: «ئەمدى مۇشۇنداق ئىشلار قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟» دەپ سورىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس (11:6).

يەشاياغا ئىسرائىللار ئىچىدە خۇداغا سادىق بولغان، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىشىنىدىغان بىر «قالدىسى»، «قالدۇرۇلغان قىسىم» ياكى «ساقلانغان قىسىم»نىڭ ھەرقاچان مەۋجۇتلۇقى ئايان قىلىنىدۇ. يەشايا بولسا ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ؛ «قالدىلار» كېيىنرەك يەشايا تاپشۇرۇۋالىدىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلايدۇ، چىڭ ساقلايدۇ ۋە بۇلارنى كېيىنكى دەۋرلەرگە يەتكۈزىدۇ، دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇشۇ گەپنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى تۆپەيلىدىن بۈگۈن يەشايانىڭ كىتابىنى ئۆز قولىمىزدا تۇتۇش نېسىۋىمىز بار بولغان؛ خۇداغا سادىق بولغان مۇشۇ «قالدىسى» ئۇنىڭ ھەم باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ يازغانلىرىنى ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ ساقلىغان.

يەھۇدىيلارنىڭ «ھەدىسلىرى»گە ئاساسەن، يەشايا پەيغەمبەر رەزىل پادىشاھ ماناسسەھ تەرىپىدىن ھەرە بىلەن ھەرىدىلىپ، ئىككى پارچە قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن («ئىبر.» 11:37-ئايەتنى كۆرۈڭ)، بىراق ئۇ خۇدانىڭ سۆزىگە كىرىپ يازمىلىرنى ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ يازمىلار بۈگۈنگىچە قولىمىزدا ساقلانغان.

ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئەللىك يىل خىزمەت قىلىش داۋامىدا، يەشايا نۇرغۇن بېشارەتلەرنى بەرگەن. بىراق «بېشارەت» دېگىنىمىز نېمە؟ بېشارەت بولسا ئۆتكەنكى، ھازىرقى ياكى كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ئىش توغرۇلۇق خۇدانىڭ قارىشى ئايان قىلىش ياكى خۇدانىڭ ئۆزى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىش. بەلكىم كۆپىنچىمىز بېشارەت كەلگۈسى ئىشلارنى ئالدىنئالا ئېيتىشتىن ئىبارەت دەپ قارايمىز؛ ئەمەلىيەتتە بېشارەتلەر يۇقىرىقى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىراق بېشارەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاملى كەلگۈسىدىكى (ياكى ئۆتكەنكى) بىر ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئىشنىڭ نېمىشقا بولغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. ئالدىنئالا ئېيتىلغان مەلۇم بەزى ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى بېشارەتنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ ھەم خۇدادىن ئەيمىنگۈچىلەرنى بېشارەتنىڭ قالغان قىسىملىرىغا ئىشىنىپ چىڭ تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بىراق خۇدانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە بېشارەتلەرنى بېرىشتىكى تۈپ مەقسىتى ئۆزىمىزگە ھەقىقىي ئەھۋالىمىزنى ئايان قىلىش ھەم بىزنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

يەشايا، شۈبھىسىزكى، مۇشۇ كىتابتا خاتىرىلەنگەن بېشارەتلەردىن سىرت نۇرغۇن بېشارەتلەرنى بەرگەن ھەم مۇشۇلارنى بەلكىم خاتىرىلىگەن. بىراق ئىشىنىمىزكى، ئۇ خۇدانىڭ روھىنىڭ يوليورۇقى ھەم ۋەھيىسى بىلەن ئۆزى بەرگەن نۇرغۇن بېشارەتلەردىن بىرنەچچىسىنى تاللاپ توپلاپ، ئۇلارنى ھازىر قولىمىزدىكى بۇ «يەشايا» كىتابى قىلدى. ئۇ مۇشۇ بېشارەتلەرنى ئۆزى قوبۇل قىلغان تەرتىپ بويىچە رەتلىگەن ئەمەس؛ تەرتىپ كۆپ ۋاقىتلاردا ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بېشارەتلەر بىزگە تۆۋەندىكى نۆۋەت بويىچە ھەرخىل ھەقىقەتلەرنى تەكىتلەيدۇ: —

(ئا) گۇناھ ۋە تەكەببۇرلۇق مەسىلىسى ھەم ئاقىۋەتلىرى
(ئە) خۇدانىڭ گۇناھ توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشلىرى
(ب) خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىسىنىڭ قۇربانلىقى ئارقىلىق بولغان نىجات-قۇتقۇزۇلۇش
(پ) خۇدانىڭ نىجاتىنى قوبۇل قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان بەخت-بەرىكەتلەر
(ت) خۇدانىڭ ئۆز نىجاتىنى قوبۇل قىلمىغانلارغا چۈشۈرىدىغان جازاسى

# «يەشايا» كىتابىنىڭ ئۈچ قىسمى ـ قىسقىچە يەكۈن

خۇدا مۇشۇ دۇنيادىكى ھەربىر ئەل-يۇرتقا بىردىن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن، دېگەن سۆز دائىم ئېيتىلىدۇ. بىراق تەۋرات، زەبۇردا دېيىلگەنلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز. تەۋراتقا ئاساسەن خۇدا بۇتپەرەسلىككە تولۇپ كەتكەن بۇ دۇنيادىن بىرلا ئادەمنى تاللىۋېلىپ ئۇنى ئۆزىگە چاقىرغان؛ مۇشۇ كىشى بولسا ئۆز بۇتلىرىنى تاشلاپ خۇدانىڭ ئاۋازىغا ئەگەشكەن. مۇشۇ ئادەم بولسا ھەزرىتى ئىبراھىم ئىدى. خۇدا ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەدە قىلىپ: —

«سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ...

مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق سالغىنىڭ ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەل-يۇرتلار نەسلىڭنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرى ئۈچۈن بەخت-بەرىكەت تىلەيدۇ» ـ دېدى («يارىتىلىش» 12-باب ھەم 22-بابنى كۆرۈڭ). ئىبراھىمدىن ئىسھاق ھەم ئىسمائىل تۆرەلگەن؛ ئىسھاقتىن ياقۇپ تۆرەلگەن. ياقۇپ كېيىن خۇدا تەرىپىدىن «ئىسرائىل» دەپ ئاتالغان. ياقۇپ (يەنى ئىسرائىل) بولسا «ئىسرائىل» ياكى «يەھۇدىيلار» دەپ ئاتالغان ئەلنىڭ ئەجدادى ئىدى. خۇدانىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمغا دېگىنىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ «ئەۋلادى»، يەنى ئىسرائىل ئارقىلىق «يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلە بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ». خۇدا ئۆز ھەقىقىتىنى ئىسرائىل ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنياغا ئايان قىلماقچى ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «يەشايا»دىكى 2-بابتا مۇنۇلارنى كۆرىمىز: —

«ئاخىرى زامانلاردا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى جايلاشقان تاغ تاغلارنىڭ بېشى بولۇپ بېكىتىلىدۇ،
ئۇ ھەممە دۆڭ-ئېگىزلىكتىن ئۈستۈن قىلىپ كۆتۈرۈلىدۇ؛
بارلىق ئەل-خەلقلەر ئۇنىڭغا قاراپ ئېقىپ كېلىشىدۇ.
نۇرغۇن قوۋملار بىر-بىرىگە: —
«كېلىڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا،
يەنى ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ ئۆيىگە چىقايلى؛

ئۇ ئۆز يوللىرىنى بىزگە ئۆگىتىدۇ،
بىز ئۇنىڭ تەرىقلىرىدە ماڭىمىز» ــ دېيىشىدۇ».

خۇدا ئىسرائىلنى ئۆز ھەقىقىتىنى يەتكۈزۈشتىكى ۋاستە قىلماقچى ئىدى؛ يۇقىرىدا ئوقۇغىنىمىزدەك، ئىسرائىل ئاخىرقى زامانلاردا شۇنداق رولدا بولىدۇ. بىراق بۈگۈنگە قەدەر ئۇلار بۇ رولدا خۇدانىڭ مەقسىتىنى ھېچ ئەمەلگە ئاشۇرغىنى يوق؛ يەشايا پەيغەمبەر بولغان دەۋردە، ئىسرائىل دۇنيانى ئۆز خۇداسىغا ئىشىنىشكە جەلپ قىلغان ئەمەس؛ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئىشەنچسىزلىكى ھەم بۇتپەرەسلىك قىلمىشى تۈپەيلىدىن بارلىق ئەللەر «جىمى ئالەمنى باشقۇرغۇچى دەل خۇدايىمىزدۇر» دەيدىغان شۇ ئىسرائىل خەلقىنى «بۇتپەرەسلەر!» دەپ مازاق قىلغان. ئەمما ھەممىگە قادىر ئاشۇنداق ئەھۋالدا ئىسرائىلنى نېمە قىلماقچى بولىدۇ؟ «يەشايا» كىتابى دەل مۇشۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ. خۇدا ئىسرائىلدىن، داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولغان پاك بىر قىزدىن تۇغۇلىدىغان، ئاخىرقى زاماندا ئىسرائىلنى ئاندىن دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغان كارامەت بىر پادىشاھنى تۇرغۇزىدۇ؛ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پۈتكۈل دۇنياغا ئارام-خاتىرجەملىكنى يەتكۈزىدۇ. بىراق (بېشارەت بويىچە) بۇ پادىشاھ ئىسرائىل يات بىر ئەلنىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئاجايىب قاتتىقچىلىق بولغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ «يەشايا» كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ (1-37-باب) مۇھىم بىر تېمىسىدۇر؛ ئۇنى «پادىشاھ قىسمى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

بىز «ئىككىنچى قىسىم» دەپ قارىغان 38-55-بابلاردا، ئىسرائىلنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن خۇدا مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغانلىقى يەنە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇتپەرەسلىكنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان دۇنيادا ئىسرائىل «خۇدانىڭ گۇۋاھچىسى» سۈپىتىدە ھېچ نەتىجە چىقىرالمىغان. بىراق خۇدانىڭ مەقسەتلىرى نىشانغا يەتمەي قېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس؛ چۈنكى «مېنىڭ قۇلۇم» دېگەن بىر زات پەيدا بولىدۇ. ئىسرائىل قىلالمايدىغان ئىشنى ئۇ قىلىپ، خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى ئاۋۋال ئىسرائىلغا، ئاندىن دۇنياغا يەتكۈزىدۇ. مۇشۇ ۋەزىپىسى تۈپەيلىدىن خۇدا قۇلىغا (مەسىھگە) كېيىن يەنە «ئىسرائىل» دېگەن نامنى قويىدۇ؛ ئۇ يەنە «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ بىلەك-قولى»، يەنى خۇدانىڭ ئۆز قۇدرىتى، دەپ ئاتىلىدۇ. بىراق خۇدانىڭ خەۋەر-ھەقىقىتىنى يەتكۈزۈش جەريانىدا، «قۇل» ئەشەددىي قارشىلىققا ئۇچرايدۇ؛ ئۇ ئۇرۇلىدۇ، ئادەملەر ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىدۇ ھەم

ئۇنىڭ دۈمبىسىنى قامچىلايدۇ. بىراق قۇل بولسا مۇشۇ مۇئامىلىدىن باش تارتمايدۇ ياكى قول ياندۇرمايدۇ. ھەتتا ئۇنى ئۇرۇش شۇنداق دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئۇنىڭ چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنى «خۇدا ئەۋەتكەن خەۋەرچى» دېيىشنىڭ ئورنىدا، ئۇلار ئۇنى ئىنسان ئارىسىدىكى ئەڭ لەنىتى ھەم جىنايەتچى دەپ ھېسابلاپ، دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ خەۋەر «يەشايا» كىتابىنىڭ مەركىزى ھەم مېغىزى.

بۇ پاك-دىيانەتلىك ئادەمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن خۇدانىڭ قاتتىق قەھر-غەزىپى پۈتكۈل دۇنياغا ياغدۇرۇلماي قالمايدۇ دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلار دەل خۇدانىڭ مەقسەتلىك پىلانى ئىدى؛ قۇلنىڭ رەزىل ئادەملەرنىڭ قولىدا بولغان ئەشەددىي ئۆلۈمىدە، خۇدا پەقەت ئىسرائىلنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق دۇنيانى كەچۈرۈمگە ئېرىشسۇن دەپ، بارلىق گۇناھلىرىمىزنى قۇلنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ بىزنىڭ ئورنىمىزدا جازالايدۇ. قۇل بولسا ئۆز ئىختىيارى بىلەن شۇنداق يولنى تاللاپ، ئۆزىنى «گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىق» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ قۇربانلىق بولۇشتا تاللاش ئىمكانىيىتى يوق بولغان ھايۋانلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ خۇداغا ھەم ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتىدىن مۇشۇ يولنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىغان (53-باب).

قۇل دەپنە قىلىنىدۇ؛ بېشارەتتىن كۆرۈنىدۇكى، ئۇ بىر باي ئادەمنىڭ قەبرىسىگە دەپنە قىلىنىدۇ. بىراق ئادەملەر تېخى ئۇنى «خۇدا لەنەت قىلغان»، «ھېچ پەرزەنت كۆرمەي ئۈزۈلۈپ كېتىلگەن» دەپ ھېسابلىغىنىدا، قۇل ئەكسىچە مەڭگۈلۈك تىرىلگەن، كۆپ پەرزەنتلىك، ئالەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى جايىغا كۆتۈرۈلگەن، دەپ ۋەھىي قىلىنىدۇ. ئۇنى تونۇش ئارقىلىق «نۇرغۇن ئادەملەر» ھەققانىي قىلىنىدۇ. مانا بۇنى «يەشايا» كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمى، «قۇل قىسمى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، يەنى ئاخىرقى قىسىم (56-66-بابلار)نىڭ دەسلىپىدە بىز ئەمدى يەنە يەشايانىڭ ئۆز دەۋرىگە كېلىمىز. گۇناھ ھەم مەغلۇبىيەتلەرنىڭ مەسىلىلىرى يەنىلا ئالدىمىزدا تۇرىدۇ؛ بىراق بىرىنچى قىسمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا شۇ دەۋر تېخىمۇ زۇلمەت، تېخىمۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىدۇ. شۇنداق بولغىنى بىلەن خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ھەقىقەتتە چەك تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ؛ خۇدا ئىسرائىلغا ياكى دۇنياغا «نىجات كەلتۈرگۈدەك ھېچ ئادەم»نى تاپالماي، مۇشۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ «ئۆزۈمنىڭ بىلەك-قولۇم» ئارقىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ «خۇدانىڭ روھى ۋۇجۇدىدا

تۇرغان» «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» دەرۋەقە زىئونغا پات ئارىدا كېلىدۇ، دەپ جاكارلايدۇ (59-باب، 16-21-ئايەتلەر). بىز ئىككىنچى قىسمىدىن «پەرۋەردىگارنىڭ بىلەك-قولى»نىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»غا ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ روھى بىلەن «مەسىھ قىلىنغان»»، «نىجاتنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى كىيدۈرۈلگەن» دېگەن سۈپەتلەردە كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ كېلىشى ھەم خىزمىتى ئارقىلىق ئىسرائىلنىڭ پارلاق كېلەچىكى بولىدۇ. ئۇلار خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە تولغان يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىننىڭ مەركىزى بولىدۇ.

«مەسىھ قىلىنغان» دېگەن زات، يەنى خۇدانىڭ «مەسىھ»ى بولسا «مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغۇچە ئارام ئالمايمەن، دۇئادىن توختىمايمەن» دەپ ۋەدە قىلىدۇ؛ ئۇ يەنە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا يەنە باشقا «كۆزەتچىلەر»نى تەمىنلەشكە ۋەدە قىلىدۇ. مۇشۇ «تارماق قىسمى» مەسىھنىڭ دۇنيانى سوراق قىلىشقا چۈشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان غايىبانە بىر كۆرۈنۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى ۋەھىيدە بولسا ئىسرائىلنىڭ شۇ چاغدىكى (ئاخىرقى زاماندىكى) ئەھۋالى تېخىمۇ خەتەرلىك كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلار سوراق قىلىنىپ پاك-مۇقەددەس بىر خۇدانىڭ ئالدىدا تەييار تۇرۇشتىن يىراق بولىدۇ. ئۇلار بۇنى ئېنىق بىلىپ، خۇدانىڭ ئىسرائىلغا يەنە بىر قېتىم نىجاتلىق مۆجىزە يارىتىش ئۈچۈن «كۆڭلىمىزنى ئۆزۈڭگە بۇرىغايسەن» دەپ قاتتىق ۋە ئازابلىق نالە-پەريادلارنى كۆتۈرىدۇ.

خۇدانىڭ بۇ دۇئالارغا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاۋابى بار. دەسلەپتە، ئۇ «مېنى ئىزدىمىگەن بىر خەلق»قە ئۆزۈمنى تاپقۇزىمەن ھەم نامىم بىلەن ھېچ مۇناسىۋەتسىز بولغان بىر «ئەل»گە ئۆزۈمنى ئايان قىلىمەن، دەيدۇ (1:65). دۇنيا سوراق قىلىنىپ ئۇنىڭ جازاسىغا چۆمۈپ كېتىدۇ. ئىسرائىل ھالاكەت گىردابىغا چۈشۈپ قالاي دەپ قالغاندا، ئۇلار ئارىسىدىكى «قالدى» سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇلىدۇ. خۇدانىڭ مۇشۇ «قالدىسى» ھەم ئۆزىنى «ئىزدىمەي» تاپقان بۇ «ئەل»، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولسا خۇدا يېڭى ئاسمان-زېمىننىڭ مەركىزى بولغان، قايتىدىن يېڭىلاندۇرۇلغان «ئىسرائىل» دېگەن زېمىننى بېرىدۇ. بىر كۈن ئىچىدىلا «روھي ئائىلە» سۈپىتىدە يېڭى بىر «ئىسرائىل» تۇغۇلىدۇ. خۇدانىڭ سوت-جازاسىدىن تىرىك قالغان «يات ئەللەر» بولسا ئۆزلىرىگە تارقىلىپ كەلگەن

يەھۇدىيلەرنى «پەرۋەردىگارغا ئاتىغان ھەدىيە» سۈپىتىدە يېرۇسالېمغا قايتۇرۇپ ئاپىرىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا رەبكە ئىبادەت قىلغۇچى بىر خەلق بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتابنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: —

## (1) پادىشاھ قىسمى (1-37-باب)

(1-5-باب) تېمىلارنى تونۇشتۇردىغان بېشارەتلەر: —
ئىسرائىلنىڭ ئىككى يۈزلۈك خاراكتېرى
خۇدانىڭ يېقىندا بولىدىغان جازاسى
خۇدانىڭ «قالدى»سى
خۇدانىڭ كەلگۈسى پارلاق سەلتەنىتى
«پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»
مۇشۇ بابلارنى بولسا كىتابنىڭ كېيىنكى قىسىمدىكى ھەرخىل تېمىلاردا بايان قىلىنغان بېشارەتلەرنىڭ ئۇرۇقى دېيىشكە بولىدۇ.
6-باب: خۇدانىڭ يەشايانى چاقىرىشى
7-11-بابلار: كەلگۈسى پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ خەلقى توغرۇلۇق بېشارەتلەر
پادىشاھنىڭ سىرلىق ھالدا تۇغۇلۇشى (پاك قىزدىن، يوقسۇل ئەھۋالدا)
پادىشاھنىڭ پارلاق سەلتەنىتى
يەھۇدا ھەم ئىسرائىل «خۇدانىڭ ئارامى»نى رەت قىلىدۇ.
12-باب: كەلگۈسىدىكى غەلىبىلىك ناخشا
13-27-بابلار: يات يۇرتلار توغرۇلۇق بېشارەتلەر
ئىسرائىل بىلەن ئەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرۇلۇق بېشارەتلەر؛ دۇنيا تارىخىنى باشقۇرغۇچى خۇدادۇر. ئەللەر توغرۇلۇق ھەربىر بېشارەت باشقا-باشقا بولۇپ، شۈبھىسىزكى، خۇدا ھەم ئۇنىڭ تۈپكى مەقسەتلىرى توغرۇلۇق ھەقىقەتلەرگە مىسال بولۇش سۈپىتىدە تاللانغان. مۇشۇ بېشارەتلەر ئۈچ دەۋر بويىچە، يەنى 13-20، 21-23، 24-27-بابلار بويىچە بايان قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى دەۋر بېشارەتلەر بولسا «دۇنيانىڭ شەھىرى» بىلەن «خۇدانىڭ شەھىرى»نىڭ ئاقىۋەتلىرىنى سېلىشتۇرىدۇ.

28-37-بابلار: ئىسرائىل ۋە يات ئەللەر؛ خۇدانىڭ ئاخىرقى سوتى ھەم جازاسى؛ زىئونغا قايتىش؛ ئاسۇرىيە بىلەن ئاخىرقى ئېلىشىش؛ خۇدانىڭ قۇتقۇزۇشى

## (2) «قۇل» قىسمى (38-55-بابلار)

38-باب : ھەزەكىيانىڭ كېسىلى ھەم ساقايتىلىشى

39-باب : ئەجەللىك قارار

40-23:44 دۇنياغا كېلىدىغان زور تەسەللى. بۇتپەرەسلەرنىڭ نادانلىقى.

خۇدا تەڭداشسىز ياراتقۇچى. «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئىسرائىلنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختى.

22:48-24:44 «زور قۇتقۇزۇش»

ئىسرائىلنىڭ بابىلدىن قۇتقۇزۇلۇشى - «قورەش» ئارقىلىق ۋەدە قىلىنغان

49-55-بابلار: «تېخىمۇ زور قۇتقۇزۇش»؛ ئىسرائىل ھەم دۇنيانىڭ گۇناھتىن قۇتقۇلۇپ خۇدانىڭ سەلتەنىتىگە كىرىشى - «مەسىھ» ئارقىلىق ۋەدە قىلىنغان

## (3) «غەلىبە قىلغۇچى مەسىھ» قىسمى (56-66-بابلار)

56-59-بابلار: قاراڭغۇلۇق كۆڭلەردە ھەققانىيلارغا بېرىلگەن رىغبەتلەر.

خۇدانىڭ زور رەھىمدىللىقى، قورقۇق دىننىڭ يىرگىنچلىكى.

رەزىللەر نىجاتسىز قالسا تېخىمۇ رەزىل بولۇپ كېتىدۇ.

«ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»نىڭ يېقىن كېلىشى.

60-62-بابلار: ئىسرائىلنىڭ «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»سى ئارقىلىق بولغان پارلاق كېلەچىكى.

پۈتكۈل دۇنياغا ئىسرائىل ئارقىلىق بەخت ئاتا قىلىنىدۇ.

يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن

ھەممە ئىش «مەسىھ قىلىنغان غەلىبە قىلغۇچى»، يەنى «مەسىھ» ئارقىلىق بولىدۇ.

63-64-باب: «مەسىھ قىلىنغان غەلىبە قىلغۇچى» سوت قىلىپ جازالىغۇچى رولىدا كۆرۈنىدۇ.

ئىسرائىلنى توغرا يولغا بۇراشقا، خۇدانىڭ يېنىغا قايتۇرۇشقا خۇداغا كۆتۈرۈلگەن ناله-

پەريادلار

65-باب: خۇدانىڭ جاۋابى. ئىسرائىلنى ئۆزىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئاۋۋال يەھۇدىي ئەمەسلەرگە ئۆزىنى تونۇتۇپ ئايان قىلىدۇ. ئاندىن ئىسرائىلنى ئۆزىگە سادىق بولغان «قالدى»لار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېنىغا قايتۇرىدۇ.

66-باب: خۇدانىڭ قەدىرلەيدىغىنى مۇقەددەس ئىبادەتخانا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان بەندىلىرىدۇر. ئىسرائىلنىڭ كېلەچىكى بېكىتىلدى، يەھۇدىي ئەمەسلەرگە ئىسرائىل ئارقىلىق مەڭگۈ بەخت ئاتا قىلىنىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا خۇدانىڭ ئىبادىتىدە بولىدۇ. رەزىللەر ئۇستىگە جازا چۈشىدۇ.

تېخىمۇ روشەنكى، ئىشلەتكەن سۆز-ئىبارىلەردىن قارىغاندا، يەشايا ئىنتايىن بىلىملىك ئادەم ئىدى. كىتابنىڭ كۆپىنچىسى ئىبرانىي تىلىنىڭ «شېئىر شەكلى» ياكى «چاچما شېئىر شەكلى»دە يېزىلغان. باشقا كىتابتا دېگىنىمىزدەك، ئىبرانىي شېئىرىيىتىدە مىسرالار پاراللېل، بەزىدە ئۈچ مىسرالىق يېزىلىدۇ. بىر كۇپلېتتىكى ھەربىر مىسرانىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى سېلىشتۇرما بولىدىغان تېمىسى بار. دۇنيانىڭ بەختىگە يارىشا، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىنلىك ياكى قاپىيەلىك شېئىردەك بولمىغان بۇ خىل شېئىرنى تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ. بىراق يەشايا پەيغەمبەر يەنە ئىبرانىي تىلىدا نۇرغۇن چاقچاقلارنى ھەم سانسىز سۆز ئويۇنلىرىنى قوللىنىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن سىرت بەزى ۋاقىتلاردا قاپىيەلىك شېئىر ئۇسلۇبىدا يازىدۇ. بۇلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا شېئىر شەكلىدە ئىپادىلەشكە قەلىمىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئوقۇرمەنلەر بۇلاردىن ئازراق ھوزۇرلانسۇن ھەم پەيغەمبەرنىڭ كۈچلۈك تىلىنىڭ پۇرىقىنى پۇرسۇن دەپ ئىزاھاتلىرىمىزدا ئانچە-مۇنچە مىساللارنى كۆرسىتىپ بەردۇق. كىتاب يۈزدىن ئارتۇق «شېئىرىي بېشارەتلەر»، شۇنداقلا بەزى نەسرىي قىسىملاردىن تەركىب تاپقاندۇر.

ئەمەلىيەتتە كۆپ يەرلەردە شېئىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقىقىتى، شېئىرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى مىسرادا بولىدۇ. كۆپ شېئىرلارنىڭ ئالاھىدە بىر «مېھراب قۇرۇلمىسى» بار. بۇلاردىن «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىرنەچچە مىساللارنى كۆرسىتىمىز.

شۇڭا تەۋراتتىكى بېشارەتلىك بەزى كىتابلاردىن سىرت، «يەشايا» دېگەن كىتابنى باشقا كىتابلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئوقۇرمەننىڭ تېما، مەزمۇن ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بەزىدە بېشى ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىز ئوقۇرمەنلەرنى پەقەتلا ئوقۇۋېرىشكە دەۋەت قىلىمىز. كىتابنىڭ نۇرغۇن سىرلىرى كېيىنكى قىسىمدىلا نۇرلىنىدۇ. يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى خۇدانىڭ يولىۋرۇقى ھەم ۋەھيىسى بىلەن كىشىنى ئوقۇشقا تەقەززا قىلىدۇ. يەشايا پەيغەمبەر بەزىدە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ۋە قايمۇقتۇرۇۋېتىدىغان بايانلارنى قىلىدۇ، بەزىدە تۈيۇقسىز يېپكى-يېپكى بىر پېرسوناژلارنى بايان قىلىدۇ. پەقەت ئوقۇرمەن ئوقۇۋەرسىلا سىر ئېنىقلىنىدۇ. شۇڭا مۇقەددەس كىتاب توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرگۈچىسى كىتابنىڭ ئۆزىدۇر». مۇشۇ ھەقىقەت-ھېكمەت «يەشايا» كىتابىغا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. يەشايا پەيغەمبەرنىڭ خۇدا ياكى ئىنسان توغرۇلۇق قىلغان بەزى بايانلىرى، شۈبھىسىزكى، بىزنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ. كىتابتا خۇداغا تايانغان ئەڭ گۆدەك-ساددىلىرىمىز ئۈچۈن كۆڭۈلنى ياسايدىغان ھەم تەسەللى-رىغبەت بېرىدىغان كۆپ نەرسىلەر بار؛ ھەم بىزنى قاتتىق ئويلاندۇرىدىغان ھەم چوڭقۇر ئويلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان قىسىملىرىمۇ بار —

چۈنكى: —

«مېنىڭ ئويلىغانلىرىم سىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىڭلار ئەمەس،
مېنىڭ يوللىرىم بولسا سىلەرنىڭ يوللىرىڭلار ئەمەستۇر؛
چۈنكى ئاسمان يەردىن قانچە يۇقىرى بولغىنىدەك،
مانا ئۆز يوللىرىم سىلەرنىڭ يوللىرىڭلاردىن،
مېنىڭ ئويلىغانلىرىم سىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىڭلاردىن شۇنچە يۇقىرىدۇر» (55-باب، 8-9-ئايەت). شۇڭا ئالدىرىماي چايناپ يېگۈدەك ياخشى گۆشىمۇ بار، ھەمدە بوۋاقلار ئۈچۈنمۇ روھ-قەلبنى قۇۋۋەتلەيدىغان، دەرھال ئىستېمال قىلغىلى بولىدىغان سۈتمۇ بار.

تولا چاغلاردىمۇ، مەلۇم بېشارەتنىڭ توپ-توغرا مەنىسى پەقەت بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ۋاقتىغا يەتكۈچە سىرلىق تۇرىدۇ. ئاندىن تولۇق چۈشەنگىلى

بولىدۇ. «يەشايا» كىتابىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان كۆپ بېشارەتلىرى بار. بىراق ئۇنىڭ «پاك قىزدىن تۇغۇلىدىغان پادىشاھ»، «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» ھەم «قۇل ھەققانىي قىلغانلار» توغرۇلۇق ئۇلۇغ بېشارەتلىرىنىڭ بالدۇر ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىغا ئىشىنىمىز؛ بۇ بېشارەتلەرنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنىڭ «مەسىھ قىلىنغان غەلىبە قىلغۇچى»، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ ۋۇجۇدىدا قاچان، قەيەردە ھەم قانداق بولغانلىقىنى مۇقەددەس ئىنجىلدىن تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئوقۇرمەنلەرگە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن، شۇنداقلا ھەم كىتابدىن كېلىپ چىققان بەختىدىن بىز بىلەن بىرلىكتە ئورتاقلاشسۇن ئۈچۈن بىز 700دىن ئارتۇق ئىزاھاتنى قوشۇپ بەردۇق. بەزىلەر بۇلارنى بەك كۆپ دەپ قارىشى مۇمكىن؛ ئەمەلىيەتتە بىز ئازلىق قىلدۇ دەپ قارايمىز؛ بۇلارنىڭ يەنە ئىككى ھەسسە كۆپ ئىزاھاتلارنى قويۇشىنىڭمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. قولىمىزدا تۇرۇۋاتقان، «يەشايا» كىتابىدىكى تېكىستنى بىرقەدەر تولۇقراق ئىزاھلىغان، ئەنگلىيەلىك ئالىم «موتيېر دوكتور» يازغان «يەشايا» دېگەن كىتاب بولسا 540 بەتتىن ئارتۇق. تەرجىمىمىزدە بىز بۇ كىتابتىن كۆپ پايدىلاندۇق. «موتيېر دوكتور» بۈگۈنگە قەدەر «يەشايا» كىتابىنى تەتقىق قىلىشۋاتقىلى قىرىق يىل بولدى. ئۇنىڭ كىتابىنى «ئىنتېرئۇنىۋېرسىتېت نەشرىياتى» 1993-يىلى چىقاردى (IVP). بىز يەنە يەھۇدىي مەسىھىي ئالىم ئارنولد فرۇختېنبائۇمنىڭ ئەسەرلىرىدىن، 1920-يىللىرى قەشقەردە ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن ھەم خەنزۇچە (1911-يىلىدىكى «خېخېبەن») «مۇقەددەس كىتاب» نۇسخىسىدىن كۆپ پايدىلاندۇق.

تەرجىمە خىزمىتىمىزدە، ئالىملارنىڭ «يەشايا»نىڭ تېكىستىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق پىكىرلىرىنىڭ بىزنىڭكى بىلەن گەۋدىلىك پەرقلەنگەن يەرلىرى بولسا، ئاشۇ باشقا خىل تەرجىمىسىنى ئىزاھلاشقا تىرىشتۇق. ئەگەر باشقا خىل مۇھىم تەرجىمىسىنى ئېتىبارىمىزنىڭ سىرتىدا قالدۇرغان بولساق، ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمىز. بىز يەنە قولىمىزدىن كېلىشىچە تېكىستىمىزدە ئىبرانىي تىلىدىكى «پاراللېل» (ئىككى مىسرالىق) شېئىري شەكلىنى ۋە ئىبرانىي تىلىدىكى «تۇراقلىق ئىبارىلەر»نى ئەينى شەكلىدە ساقلاشقا تىرىشتۇق. تېكىستتە ئىبرانىي تىلىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان

ئىسىم ياكى پېئىلنى بولسا، ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشاش بىر سۆز بىلەن ئىپادىلەشكىمۇ تىرىشتۇق. ئۇنداق قىلغاندا ئوقۇرمەنلەر مەلۇم بىر سۆز ياكى ئىبارە توغرىسىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارالايدۇ. مەسىلەن، «يەشايا»نىڭ تېكىستىدە «پەرۋەردىگارنىڭ بىلەك-قولى»نىڭ ئالاھىدە بىر مەنىسى بار؛ بىراق ئوقۇرمەن پەقەتلا 53-بابقىچە ئوقۇسا ئاندىن مۇشۇ ئىبارىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان تولۇق كۈچى ھەم مەنىسىنى تۇيۇقسىزلا ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ.

قىسىملارنىڭ ياكى بابلارنىڭ بېشىغا قويۇلغان ماۋزۇلارنى بىز ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن دەپ قوشۇمچە قىلدۇق. بۇ ماۋزۇلارنىڭ مۇقەددەس تېكىستىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيمىز.

ئۆتكەن ئەسىردە بەزى خۇداسىز ئالىملار «يەشايا»نى نەچچە قىسىمغا بۆلۈپ، بەزى قىسىملارنى «ئالدىنئالا ئېيتقان ئىشلاردىن كېيىن يالغانچىلىقتىن يازغان» دەپ تۇرۇۋالغان. بىزنىڭ مۇشۇنداق خۇداسىز پىكىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىش بىلەن ئوقۇرمەنىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغۇمىز يوق. مۇشۇنداق بىمەنە نەزەرىيىلەر خۇدانىڭ ئادەملەر (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئارقىلىق بىزگە سۆز قىلالايدىغانلىقىغا پەقەت ئىشەنمەسلىكتىن چىققان، خالاس. باشقا ھەرخىل خۇداسىز نەزەرىيەلەرگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز-ئۆزىدىن ھالاك بولغان، خالاس؛ كۆپ ۋاقىتلاردا خۇداسىز يازغۇچىلار ئۆز نەزەرىيىلىرىنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى باياناتلىرى بىلەن بىكار قىلىۋېتىدۇ. مۇبادا «يەشايا» كىتابى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7-، 6-، ھەتتا 5-ئەسىردە يېزىلغان دەيلى، ئۇنىڭدا يەنىلا كۆپ بېشارەتلەر شۇ ۋاقىتلاردىن كېيىنكى يىللاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. خۇداسىزلارنىڭ بۇ كىتابتىن قورقىشنى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس؛ چۈنكى ئۇنىڭدا ئۇلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقى جاكارلىنىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر ئوقۇغىنىدا، خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق كۆڭلىنى ھەقىقەتكە ھەم خاتىرجەملىككە يېتەكلىسۇن دەپ دۇئا قىلىپ ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ھەممىگە قادىرغا تاپشۇرىمىز. ئاخىرقى كۈنىدە ئۇنىڭ مۇشۇ كىتابىدا بېشارەت بېرىلگەن «پەرۋەردىگارنىڭ قولى»نىڭ قۇربانلىق خىزمىتى ئارقىلىق، خۇدانىڭ شەرىپىنىڭ ئالدىدا يەشايا پەيغەمبەر بىلەن بىللە تۇرايلى! ئامىن!

ئىزاھات: – يەنە تەكرارلايمىزكى، كىرىش سۆز، ماۋزۇ ۋە ئىزاھاتلار ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن تەرجىمان تەرىپىدىن بېرىلدى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەسلىي تېكىست-ئايەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس.

# يەشايا

## خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان «دەۋا»سى ھەم چاقىرىقى

1 [1] ئۇززىيا، يوتام، ئاھاز ۋە ھەزەكىيالار يەھۇداغا پادىشاھ بولغان
ۋاقىتلاردا، يېرۇسالېم ۋە يەھۇدا توغرىسىدا، ئاموزنىڭ ئوغلى
يەشايا كۆرگەن غايىبانە ۋەھىي-ئالامەتلەر: ــ

[2] «ئى ئاسمانلار، ئاڭلاڭلار!
ئى يەر-زېمىن، قۇلاق سال!
چۈنكى پەرۋەردىگار سۆز ئېيتتى: ــ
«مەن باللارنى بېقىپ چوڭ قىلدىم،
بىراق ئۇلار ماڭا ئاسىيلىق قىلدى.
[3] كالا بولسا ئىگىسىنى تونۇيدۇ،
ئېشەكمۇ خوجايىنىنىڭ ئوقۇرىغا ماڭىدىغان يولنى بىلىدۇ،
بىراق ئىسرائىل بىلمەيدۇ،
ئۆز خەلقىم ھېچ يورۇتۇلغان ئەمەس.
[4] ئاھ، گۇناھكار «يات ئەل»،
قەبىھلىكنى توپلاپ ئۆزىگە يۈكلىگەن خەلق،
رەزىللەرنىڭ بىر نەسلى،
نىجىس بولۇپ كەتكەن باللار!
ئۇلار پەرۋەردىگاردىن يىراقلىشىپ،

---

**2:1 «ئى ئاسمانلار، ئاڭلاڭلار!»** ــ مۇقەددەس كىتاب بويىچە ئۈچ ئاسمان بار. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. **«چۈنكى پەرۋەردىگار سۆز ئېيتتى...»** ــ مۇشۇ كىتابتا ئېلىنغان «پەرۋەردىگار» بولسا، ئىبرانيي تىلىدىكى «ياھۋەھ» دېگەننىڭ تەرجىمىسىدۇر. «ياھۋەھ» خۇدانىڭ يەنە بىر ئىسمى بولۇپ، «مەڭگۈلۈك بولغۇچى»، «ئۆزۈم باردۇرمەن»، «ئەھدىسىدە مەڭگۈ تۇرغۇچى خۇدا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. تەبىرلەرنىمۇ كۆرۈڭ.
**2:1** قان. 1:32

**«ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى»نى كۆزگە ئىلمىدى،**
**ئۇلار كەينىگە ياندى.**
**[5] نېمىشقا يەنە دۇمبالانغۇڭلار كېلىدۇ؟**
**نېمىشقا ئاسىيلىق قىلىۋېرىسىلەر؟**
**پۈتۈن باشلىرىڭلار ئاغرىپ،**
**يۈرىكىڭلار پۈتۈنلەي زەئىپلىشىپ كەتتى،**
**[6] بېشىڭلاردىن ئايىغىڭلارغىچە ساق يېرىڭلار قالمىدى،**
**پەقەت يارا-جاراھەت، ئىششىق ۋە يېرىك بىلەن تولدى،**
**ئۇلار تازىلانمىغان، تېڭىلمىغان ياكى ئۇلارغا ھېچ مەلھەم سۈرۈلمىگەن.**
**[7] ۋەتىنىڭلار چۆللەشتى؛**
**شەھەرلىرىڭلار كۆيۈپ ۋەيرانە بولدى؛**
**يەر-زېمىنىڭلارنى بولسا، ياتلار كۆز ئالدىڭلاردىلا يۇتۇۋېلىۋاتىدۇ؛**
**ئۇ ياتلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ چۆللىشىپ كەتتى.**
**[8] ئەمدى ئۈزۈمزارغا سېلىنغان چەللىدەك،**
**تەرخەمەكلىككە سېلىنغان كەپىدەك،**
**مۇھاسىرىگە چۈشكەن شەھەردەك،**
**زىئوننىڭ قىزى زەئىپ قالدۇرۇلدى.**

---

**4:1 «ئاھ، گۇناھكار «يات ئەل»...»** — بۇ ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ. خۇداغا نىسبەتەن ئىسرائىل بۇتپەرەس بىر «يات ئەل» بولۇپ كەتكەنىدى. **«ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى»** — خۇدانىڭ يەنە بىر ئىسمىدۇر. بۇ ئىسىم بەلكىم، «ئۆزىنىڭ ئىسرائىل خەلقىگە بىردىنبىر پاك-مۇقەددەس بولغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن خۇدا ۋە ئىسرائىل ئارىسىدا پاك-مۇقەددەس تۇرغۇچى خۇدا» دېگەن مەنىدە. يەشايا پەيغەمبەر خۇدانى تىلغا ئالغاندا، بۇ ئىسىمنى كۆپ ئىشلىتىدۇ.

**4:1** زەب. 8:78؛ يەش. 3:57

**5:1** 2تار. 22:28؛ يەر. 30:2

**6:1 «ئۇلارغا ھېچ مەلھەم سۈرۈلمىگەن»** — ياكى «ئۇلارغا ھېچ زەيتۇن مېيى سۈرۈلمىگەن».

**7:1** قان. 51،52:28؛ يەش. 5:5

**8:1 «ئۈزۈمزارغا سېلىنغان چەللىدەك، تەرخەمەكلىككە سېلىنغان كەپىدەك...»** — يېرۇسالېمنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەيدۇ؛ ئۇ ناھايىتى قىل ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى، ئىنتايىن مۇقىمسىز ئەھۋالدا قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلدۇرسە كېرەك. **«زىئون»** — ياكى «زىئون تېغى» بولسا يېرۇسالېم شەھىرى، شۇنىڭدەك مۇقەددەس ئىبادەتخانا جايلاشقان تاغدۇر.

9 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار بىزگە ئازغىنە
«قالدىسى»نى قالدۇرمىغان بولسا،
بىز سودوم شەھىرىگە ئوخشاپ قالاتتۇق،
گوموررا شەھىرىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالاتتۇق.
10 ئى سودومنىڭ ھۆكۈمرانلىرى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ
قويۇڭلار،
«ئى گوموررانىڭ خەلقى، خۇدايىمىزنىڭ قانۇن-نەسىھىتىگە قۇلاق
سېلىڭلار!
11 سىلەر زادى نېمە دەپ ماڭا ئاتاپ نۇرغۇنلىغان قۇربانلىقلارنى
سۇنىسىلەر؟» ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
«مەن كۆيدۈرمە قوچقار قۇربانلىقلىرىڭلاردىن،
بورداق مالنىڭ ياغلىرىدىن تويۇپ كەتتىم،
بۇقىلار، پاقلانلار، تېكىلەرنىڭ قانلىرىدىن ھېچ خۇرسەن ئەمەسمەن.
12 سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا كىرىپ كەلگىنىڭلاردا،

---

9:1 **«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار»** ــ «يەشايا» كىتابىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خۇدانىڭ بىر نامى. **«پەرۋەردىگار بىزگە ئازغىنە «قالدىسى»نى قالدۇرمىغان بولسا...»** ــ «قالدى» (خۇدانىڭ «قالدىسى») «يەشايا» دېگەن كىتابتا كۆپ كۆرۈلىدىغان تېما ياكى ماۋزۇدۇر. ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى خۇدادىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھامان ئۆزىگە سادىق بىر «قالدى» بولىدۇ. **«سودوم شەھەرىگە ئوخشاپ قالاتتۇق، گوموررانىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالاتتۇق»** ــ كونا زامانلاردا، (ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە) بۇ ئىككى شەھەر خۇدانىڭ نەزىرىدە ناھايىتى رەزىل بولۇپ، ئۇ ئاسماندىن ئوت-گۈڭگۈرتنى ياغدۇرۇپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغان. ئىككى شەھەرنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ھېچقانداق ئىزلىرى قالمىدى («يار.» 19-بابنى كۆرۈڭ).

—يەشايانىڭ دېمەكچى بولغىنى، خۇدا ئۆزىگە سادىق بىر «قالدىسى» قالدۇرمىغان بولسا، ئىسرائىلمۇ بۇ ئىككى شەھەرگە ئوخشاش رەزىللىك بىلەن تولۇپ، ئوخشاشلا پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى.

**9:1** يار. 24:19؛ يەش. 6:17؛ 6:24؛ 17:30؛ رىم. 29:9

10:1 **«ئى سودومنىڭ ھۆكۈمرانلىرى،... ئى گوموررانىڭ خەلقى، ...»** ــ مۇشۇ يەردە، يەشايا پەيغەمبەر ئۆز خەلقىنى سودوم ھەم گوموررادىكىلەرگە بىۋاستە ئوخشىتىدۇ.

11:1 **«كۆيدۈرمە قۇربانلىق»** ــ مۇشۇ خىل قۇربانلىق خۇداغا ئاتاپ تولۇق كۆيدۈرۈلەتتى.

**11:1** زەب. 50:8-14؛ پەند. 8:15؛ 27:21؛ يەش. 3:66؛ يەر. 20:6؛ ئام. 22:5

**سىلەردىن ھويلا-ئايۋانلىرىمنى شۇنداق دەسسەپ-چەيلەشنى كىم تەلەپ قىلغان؟**
[13] **بىھۇدە ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى ئېلىپ كېلىشنى بولدى قىلىڭلار،**
**خۇشبۇي بولسا ماڭا يىرگىنچلىك بولۇپ قالدى.**
**«يېڭى ئاي» ھېيتلىرى ۋە «شابات كۈن»لىرىگە،**
**جامائەت ئىبادەت سورۇنلىرىغا چاقىرىلىشلارغا ــ**
**قىسقىسى، قەبىھلىكتە ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق يىغىلىشلارغا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.**
[14] **«يېڭى ئاي» ھېيتىڭلاردىن، بېكىتىلگەن ھېيت-بايرىمىڭلاردىن قەلبىم نەپرەتلىنىدۇ؛**
**ئۇلار ماڭا يۈك بولۇپ قالدى؛**
**ئۇلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن چارچاپ كەتتىم.**
[15] **قولۇڭلارنى كۆتۈرۈپ دۇئاغا يايغىنىڭلاردا،**
**كۆزۈمنى سىلەردىن ئېلىپ قاچىمەن؛**
**بەرھەق، كۆپلەپ دۇئالارنى قىلغىنىڭلاردا، ئاڭلىمايمەن؛**
**چۈنكى قوللىرىڭلار قانغا بويالدى.**
[16] **ئۆزۈڭلارنى يۇيۇپ، پاكلىنىڭلار؛**
**قىلمىشلىرىڭلارنىڭ رەزىللىكىنى كۆز ئالدىمدىن نېرى قىلىڭلار،**

---

12:1 **«دەسسەپ-چەيلەشنى كىم تەلەپ قىلغان؟»** ــ «دەسسەپ-چەيلەش» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە بەلكىم خەلق ئېلىپ كىرگەن نۇرغۇنلىغان قۇربانلىق ماللىرىنىڭ ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىلىرىنى دەسسىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «دەپسەندە قىلىش».
13:1 **«ئاشلىق ھەدىيەلىرى»** ــ «ئاشلىق ھەدىيەسى» ئادەتتە «كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار» ھەم غا قوشۇلاتتى. **«خۇشبۇي بولسا ماڭا يىرگىنچلىك بولۇپ قالدى»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان قانۇنغا ئاساسەن، ھەر كۈنى مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا خۇشبۇي يېقىش كېرەك ئىدى. **«شابات كۈنى»** ــ بولسا شەنبە كۈنى بولۇپ، ئىسرائىللار ئۇچۇن «مۇقەددەس كۈن»دۇر، بۇ ھېچقانداق ئىش-ئەمگەك قىلماي خۇداغا سېغىنىدىغان، ئىبادەت قىلىدىغان كۈن ئىدى. يەھۇدىيلار بۇ كۈننى «شابات كۈنى»، يەنى «(خىزمەتتىن) دەم ئېلىش كۈنى» دەيدۇ. يەنە 56-باب، 2-ئايەتنى كۆرۈڭ.
**15:1** پەند. 28:1

**رەزىللىكنى قىلىشتىن قولۇڭلارنى ئۈزۈڭلار؛**
**[17] ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىنىڭلار؛**
**ئادىللىقنى ئىزدەڭلار،**
**زومىگەرلەرگە تەنبىھ بېرىڭلار،**
**يېتىم-يېسىرلەرنى ناھەقلىقتىن خالاس قىلىڭلار،**
**تۇل خوتۇنلارنىڭ دەۋاسىنى سوراڭلار.**
**[18] ئەمدى كېلىڭلار، بىز مۇنازىرە قىلىشايلى، دەيدۇ پەرۋەردىگار،**
**سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار قىپ-قىزىل بولسىمۇ،**
**يەنىلا قاردەك ئاقىرىدۇ؛**
**ئۇلار قىزىل قۇرۇتتەك توق قىزىل بولسىمۇ،**
**يۇڭدەك ئاپئاق بولىدۇ.**
**[19] ئەگەر ئىتائەتمەن بولۇپ، ئاڭلىساڭلار،**
**زېمىندىكى ئېسىل مەھسۇلاتتىن بەھرىمەن بولىسىلەر؛**
**[20] بىراق رەت قىلىپ يۈز ئۆرىسەڭلار،**
**قىلىچ بىلەن ئۇجۇقتۇرۇلىسىلەر»**
**چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق دېگەن.**

**[21] سادىق شەھەر قانداقمۇ پاھىشە بولۇپ قالدى!؟**
**ئەسلىدە ئۇ ئادالەت بىلەن تولغانىدى،**
**ھەققانىيلىق ئۇنى ماكان قىلغانىدى،**

---

**16:1** زەب. 34:13-14؛ 37:27؛ ئام. 5:15؛ رىم. 12:9

**17:1** **«زومىگەرلەرگە تەنبىھ بېرىڭلار»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى، «ئېزىلگۈچىلەرگە يار-يۆلەك بولۇڭلار».

**18:1** **«سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار قىپ-قىزىل بولسىمۇ»** ــ بۇ «قىزىل قۇرۇت» يەھۇدىيلار بۇ قۇرۇتنى بوياق ياساش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

**18:1** زەب. 51:7-10

**بىراق ھازىر قاتىللار ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتىدۇ.**
**22 كۈمۈشۈڭ بولسا داشقالغا ئايلىنىپ قالدى،**
**شارابىڭغا سۇ ئارىلىشىپ قالدى؛**
**23 ئەمىرلىرىڭ ئاسىيلىق قىلغۇچىلار،**
**ئوغرىلارغا ئۈلپەت بولدى؛**
**ئۇلارنىڭ ھەربىرى پارىغا ئامراق بولۇپ،**
**سوغا-سالاملارنى كۆزلەپ يۈرمەكتە؛**
**ئۇلار يېتىم-يېسىرلەر ئۈچۈن ئادالەت ئىزدىمەيدۇ؛**
**تۇل خوتۇنلارنىڭ دەۋاسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يەتمەيدۇ.**
**24 شۇڭا — دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار —**
**يەنى ئىسرائىلدىكى قۇدرەت ئىگىسى ئېيتىدۇ: —**
**مەن كۈشەندىلىرىمنى جازالاپ پۇخادىن چىقىمەن،**
**دۈشمەنلىرىمدىن قىساس ئالىمەن؛**
**25 قولۇمنى ئۈستۈڭگە تەگكۈزۈپ،**
**سېنى تاۋلاپ، سەندىكى داشقالنى تەلتۆكۈس تازىلايمەن،**
**سەندىكى بارلىق ئارىلاشمىلارنى ئېلىپ تاشلايمەن.**
**26 ھۆكۈمران-سوراقچىلىرىڭلارنى ئاۋۋالقىدەك،**

---

21:1 **«سادىق شەھەر قانداقمۇ پاھىشە بولۇپ قالدى!؟»** — يەشايا پەيغەمبەر يېرۇسالېم شەھىرىنى ئەسلىدە خۇداغا سادىق بىر ئايالغا ئوخشاش شەھەر ئىدى، بىراق ھازىر بىر پاھىشە ئايالغا ئايلاندى دەپ ئوخشىتىدۇ.

**22:1** ئەز. 22:19،18؛ ھوش. 4:18

23:1 **«سوغا-سالاملارنى كۆزلەپ يۈرمەكتە...»** — ئىبرانيي تىلىدا «سوغا-سالاملارنى قوغلاپ يۈرمەكتە...».

**23:1** يەر. 5:28؛ زەك. 7:10

24:1 **«ئىسرائىلدىكى قۇدرەت ئىگىسى...»** — خۇدانىڭ يەنە بىر نامدۇر. بۇ نام بەلكىم، «ئىسرائىل خەلقىگە ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسەتكۈچى خۇدا، ئىسرائىلدا تۇرغان ناھايىتى قۇدرەتلىك، قادىر خۇدا» دېگەن مەنىدە. يەشايا پەيغەمبەر خۇدانى تىلغا ئالغاندا، بۇ نامنى كۆپ ئىشلىتىدۇ.

**25:1** يەر. 6:29؛ مال. 3:3

مەسلىھەتچىلىرىڭلارنى دەسلەپتىكىدەك ھالغا كەلتۈرىمەن.
كېيىن سەن «ھەققانىيلىقنىڭ ماكانى»، «سادىق شەھەر» دەپ ئاتىلىسەن.
27 ئەمدى زىئون ئادىللىق بىلەن،
ۋە ئۇنىڭغا قايتىپ كەلگەنلەر ھەققانىيلىق بىلەن قۇتقۇزۇلۇپ ھۆر قىلىنىدۇ.
28 بىراق ئاسىيلار ۋە گۇناھكارلار بىردەك ئۇجۇقتۇرۇلىدۇ،
پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرىگۈچىلەر بولسا ھالاك بولىدۇ.
29 شۇ چاغدا سىلەر تەشنا بولغان دۇب دەرەخلىرىدىن نومۇس قىلىسىلەر،
تاللىغان باغلاردىن خىجىل بولىسىلەر.
30 چۈنكى ئۆزۈڭلار خۇددى يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ كەتكەن دۇب دەرىخىدەك،
سۇسىز قۇرۇق بىر باغدەك بولىسىلەر.
31 شۇ كۈنى كۈچى بارلار ئوتقا شام پىلىكى،
ئۇلارنىڭ ئەجرى بولسا، ئۇچقۇن بولىدۇ؛
بۇلار ھەر ئىككىسى تەڭلا كۆيۈپ كېتىدۇ،
ئۇلارنى ئۆچۈرۈشكە ھېچكىم چىقمايدۇ.

---

27:1 **«ئۇنىڭغا زىئونغا قايتىپ كەلگەنلەر»** ــ مۇشۇ يەردە «قايتىپ كېلىش» بەلكىم ئىككى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچىسى، كەلگۈسىدە «توۋا قىلىپ، خۇدانىڭ يېنىغا قايتىدىغانلار»؛ ئىككىنچىسى، «يىراق يۇرتتىكى قۇللۇقتىن، سۈرگۈن بولۇشىدىن (يەنى خۇدانىڭ جازالىق تەربىيىسىدىن) چىقىپ زىئونغا قايتىپ كەلگەنلەر». **«قۇتقۇزۇلۇپ ھۆر قىلىنىش»** ــ ئىبرانىي تىلىدا پەقەت بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆز ھەم «بەدەل تۆلەپ، قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇپ ھۆر قىلىش»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**28:1** ئايۇپ 3:31؛ زەب. 6:1؛ 5:5؛ 27:73؛ 9:92؛ 35:104

29:1 **«دۇب دەرەخلىرى ... باغلار...»** ــ مۇشۇ «دۇب دەرەخلىرى» ۋە «باغلار» شۈبھىسىزكى، شۇ دەۋردىكى بۇتپەرەسلىككە ئالاھىدە ئاتالغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ. بىلىشىمىزچە مۇشۇ خىل بۇتپەرەسلىك جىنسىي ئەخلاقسىزلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

31:1 **«ئوتقا شام پىلىكى»** ــ ياكى «ئوتقا تەرمەچ».

## ئاخىرقى زامانلاردىكى يېرۇسالېم

2 [1]بۇلار ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا يېرۇسالېم ۋە يەھۇدا توغرىسىدا كۆرگەن كالامدۇر: ــ

[2]ئاخىر زامانلاردا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى جايلاشقان تاغ تاغلارنىڭ بېشى بولۇپ بېكىتىلىدۇ،
ھەممە دۆڭ-ئېگىزلىكتىن ئۈستۈن قىلىپ كۆتۈرۈلىدۇ؛
بارلىق ئەللەر ئۇنىڭغا قاراپ ئېقىپ كېلىشىدۇ.
[3]نۇرغۇن خەلق-مىللەتلەر چىقىپ بىر-بىرىگە: ــ
«كېلىڭلار، بىز پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا،
ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ ئۆيىگە چىقايلى؛
ئۇ ئۆز يوللىرىدىن بىزگە ئۆگىتىدۇ،
بىز ئۇنىڭ تەرىقىلىرىدە ماڭىمىز» ــ دېيىشىدۇ.
چۈنكى قانۇن-يوليورۇق زىئوندىن،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى يېرۇسالېمدىن چىقىدىغان بولىدۇ.
[4]ئۇ ئەللەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ،
نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ھەق-ناھەقلىرىگە كېسىم قىلىدۇ؛
بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلىچلىرىنى ساپان چىشلىرى،
نەيزىلىرىنى ئورغاق قىلىپ سوقۇشىدۇ؛
بىر ئەل يەنە بىر ئەلگە قىلىچ كۆتۈرمەيدۇ،
ئۇلار ھەم يەنە ئۇرۇشنى ئۆگەنمەيدۇ.
[5]ــ «ئى ياقۇپ جەمەتىدىكىلەر،

2:2 **«ئاخىر زامانلاردا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا». **«پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى»** ــ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ. **«بارلىق ئەللەر ئۇنىڭغا قاراپ ئېقىپ كېلىشىدۇ»** ــ تەۋرات ھەم زەبۇردىكى «ئەللەر» دېگەن سۆز ئادەتتە ئىسرائىلدىن باشقا بارلىق خەلقلەرنى، يەنى «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بەزىدە «يات ئەللەر» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. «يەشايا» دېگەن كىتابتا «ئەللەر»، «تائىپىلەر»، «يات ئەللەر» ياكى «خەلق-مىللەتلەر» دېيىلسە، ھەردائىم مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**2:2** مىك. 4:1؛ ئەز. 2:40

**3:2** زەب. 2:110

**4:2** يو. 10:3؛ مىك. 3:4

كېلىشلار، پەرۋەردىگارنىڭ نۇرىدا ماڭايلى!».

## ھازىرقى يېرۇسالېم

6 — سەن ئۆز خەلقىڭ بولغان ياقۇپ جەمەتىنى تاشلاپ قويدۇڭ؛
چۈنكى ئۇلار شەرقتىكى خۇراپاتلار بىلەن تولدۇرۇلدى؛
ئۇلار فىلىستىيلەردەك پال سالىدۇ؛
ئۇلار چەتئەللىكلەر بىلەن قول تۇتۇشىدۇ؛
7 زېمىنى بولسا ئالتۇن-كۈمۈشكە تولۇپ كەتتى؛
بايلىقلىرى تۈگىمەس؛
يەر-زېمىنى ئاتلارغىمۇ تولۇپ كەتتى،
جەڭ ھارۋىلىرى ھەم تۈگىمەس؛
8 زېمىنى بۇتلار بىلەنمۇ لىق بولۇپ كەتتى؛
ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىغانلىرىغا،
بارماقلىرى بىلەن شەكىللەندۈرگەنلىرىگە سەجدە قىلىشىدۇ.
9 شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار ئېگىلدۈرۈلىدۇ،
مۆتىۋەرلەرمۇ تۆۋەن قىلىنىدۇ؛
سەن ئۇلارنىڭ قەددىنى رۇسلىمايسەن ھەم ھېچ كەچۈرۈم قىلمايسەن.

---

6:2 **«ئۇلار ئىسرائىللار فىلىستىيلەردەك پال سالىدۇ»** — مۇشۇ يەردە يەشايا كىنايىلىك سۆز ئىشلىتىپ، ئۆز خەلقىنىڭ خۇراپىيلىقنى ھەر تەرەپتىن، يەنى شەرقتىن ھەم غەربتىن (فىلىستىيلەردىن) قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

7:2 **«ئالتۇن-كۈمۈشكە تولۇپ كەتتى... بايلىقلىرى تۈگىمەس... يەر-زېمىنى ئاتلارغىمۇ تولۇپ كەتتى، جەڭ ھارۋىلىرى ھەم تۈگىمەس»** — مۇشۇ 6-8-ئايەتتە، يەشايا ئۇلارنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان قانۇن — تەۋراتتىكى «قانۇن شەرھى» 17-18-بابلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇشۇ ئىشلار تەۋراتتىكى شۇ پەرمانلارغا خىلاپ.

9:2 **«...پۇقرالار ئېگىلدۈرۈلىدۇ... تۆۋەن قىلىنىدۇ»** — بۇ پېئىلنىڭ ئىككىسى ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇتلارغا باش ئۇرىدىغانلىقىنى ھەمدە كەلگۈسىدە ئۇلار شۈبھىسىزكى ئوخشاشلا خۇدانىڭ غەزىپى ئالدىدا يەرگە يىقىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. **«... قەددىنى رۇسلىمايسەن ھەم ھېچ كەچۈرۈم قىلمايسەن»** — مۇشۇ ئىككى ئىبارە ئىبرانىي تىلىدا ئىككى بىسلىق بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»

10 ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھشىتىدىن،
ھەيۋىسىنىڭ شان-شەرىپىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇر،
خادا تاشلار ئىچىگە كىرىۋال،
توپا-چاڭلار ئىچىگە مۆكۈۋال!
11 چۈنكى ئادەمنىڭ تەكەببۇر كۆزلىرى يەرگە قارىتىلىدۇ،
ئىنسانلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى پەس قىلىنىدۇ؛
شۇ كۈندە يالغۇز پەرۋەردىگارلا ئۈستۈن دەپ مەدھىيىلىنىدۇ.
12 چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ
شۇنداق بىر كۈنى تەييار تۇرىدۇ: —
شۇ كۈنى ھەربىر تەكەببۇر ۋە مەمەدانلارنىڭ ئۈستىگە،
ئۆزىنى يۇقىرى سانىغانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ
(شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەس قىلىنىدۇ!)،
13 شۇنىڭدەك لىۋاننىڭ ئېگىز، پەلەككە يېتىدىغان بارلىق كېدىر
دەرەخلىرىنىڭ ئۈستىگە،
باشاندىكى بارلىق دۇب دەرەخلىرىنىڭ ئۈستىگە،
14 ئېگىز تاغلارنىڭ ھەممىسىگە،
يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بارلىق دۆڭلەرنىڭ ئۈستىگە،
15 ھەربىر ھەيۋەتلىك مۇنارنىڭ ئۈستىگە،
ھەربىر مۇستەھكەم سېپىلنىڭ ئۈستىگە،
16 تارشىشتىكى ھەربىر سودا كېمىسىنىڭ ئۈستىگە،
شۇنداقلا بارلىق گۈزەل كېمە گەۋدىسىنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنى

---

**11:2** يەش. 15:5

**12:2** يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش. 6:13-13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2؛ ۋەھ. 6:12-13

**چۇشۇشكە تەييار تۇرىدۇ.**
**[17] ئادەملەرنىڭ كۆرەڭلىكى تۆۋەن قىلىنىپ چۈشۈرۈلۈپ،**
**ئىنسانلارنىڭ تەكەببۇرلىقى پەس قىلىنىدۇ،**
**شۇ كۈنىدە يالغۇز پەرۋەردىگارلا ئۈستۈن دەپ مەدھىيىلىنىدۇ.**
**[18] بۇتلار بولسا ھەممىسى كۆزدىن يوقىلىدۇ.**
**[19] پەرۋەردىگار يەرنى دەھشەتلىك سىلكىندۈرۈشكە ئورنىدىن تۇرىدىغان چاغدا،**
**ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ۋەھشىتىدىن، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنىڭ شان-شەرىپىدىن قاچۇرۇپ،**
**خادا تاش غارلىرىنىڭ ئىچىگە،**
**يەر يۈزىدىكى ئۆڭكۈرلەرگە كىرىۋالىدۇ؛**
**[20] شۇ كۈنىدە كىشىلەر ئۆزىگە چوقۇنۇشقا ياسىغان كۈمۈش بۇتلىرى ۋە ئالتۇن بۇتلىرىنى قارىغۇ چاشقانلارغا ۋە شەپەرەڭلەرگە تاشلاپ بېرىدۇ؛**
**[21] پەرۋەردىگار يەرنى دەھشەتلىك سىلكىندۈرۈشكە ئورنىدىن تۇرىدىغان چاغدا،**
**ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ۋەھشىتىدىن، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنىڭ شان-شەرىپىدىن قاچۇرۇپ،**
**خادا تاش چاكلىرىنىڭ ئىچىگە،**
**يارلارنىڭ يېرىقلىرىغا كىرىۋالىدۇ؛**
**[22] ئۈمىدىڭلارنى نەپىسى دىمىغىدىلا تۇرىدىغان ئىنساندىن ئۈزۈڭلار، چۈنكى ئىنسان زادى نېمە ئىدى؟!**

---

16:2 **«تارشىشتىكى ھەربىر سودا كېمىسىنىڭ ئۈستىگە...»** — قەدىمكى زامانلاردا دېڭىز سودىسى بىلەن داڭقى چىققان «تارشىش» دەيدىغان ئۈچ يۇرت بار ئىدى. بىرسى شىمالىي ئافرىقىدا، بىرسى ئىسپانىيەدە، يەنە بىرسى ئەنگلىيەدە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تارشىشتىكى كېمىلەر بارلىق باشقا ئەللەرنىڭ كېمىلىرىدىن چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى. **«شۇنداقلا بارلىق گۈزەل كېمە گەۋدىسىنىڭ ئۈستىگە...»** — يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: — «شۇنداقلا ھەربىر گۈزەل رەسىم-ھەيكەللەرنىڭ ئۈستىگە...»

18:2 **«بۇتلار»** — ئىبرانىي تىلىدا: — «ئەرزىمەسلەر...»

## يەھۇدا-يېرۇسالېمنىڭ قەبىھلىكىگە چۈشىدىغان جازا

3 [1] چۈنكى، قارا! ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار،
يېرۇسالېم ۋە يەھۇداغا قۇۋۋەت ۋە يۆلەنچۈك بولغان بارلىق نەرسىلەرنى يوق قىلىدۇ،
يەنى قۇۋۋەت بولغان پۈتكۈل ئاش-نان،
يۆلەنچۈك بولغان ھەممە سۇ،
[2] پالۋان ۋە لەشكەر،
سوتچى ۋە پەيغەمبەر،
پالچى ۋە ئاقساقال،
[3] ئەللىك بېشى، مۆتىۋەر ۋە مەسلىھەتچى،
ھۈنەرۋەن ئۇستىلار ۋە جادۇ قىلغۇچىلارنى يوق قىلىدۇ.
[4] — «ئۇلارنىڭ ئورنىغا ياشلارنى ئەمەلدار قىلىمەن،
بەتخۇي باللار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئىدارە قىلىدۇ.
[5] پۇقرالار بىر-بىرىنى ئېزىدۇ،
ھەربىرى قوشنىسى تەرىپىدىن ئېزىلىدۇ؛
باللار قېرىلارغا،
مۇتتەھەملەر مۆتىۋەرلەرگە ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ؛
[7-6] شۇ كۈنى بىرسى ئاتا جەمەتىدىكى قېرىندىشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا: —
«سىزنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىڭىز بار؛ بىزگە يېتەكچى بولۇڭ، بۇ خارابىلەر قولىڭىز ئاستىدا بولسۇن»، — دەيدۇ؛
ئۇ جاۋابەن قولىنى كۆتۈرۈپ قەسەم ئىچىپ: «دەردىڭلارغا دەرمان بولالمايمەن؛

1:3 «يۆلەنچۈك» ۋە «قۇۋۋەت» — بۇ ئىككى سۆز ئىبرانىي تىلدا ئادەتتە «تاياق» ياكى «ھاسا»نى بىلدۈرىدۇ. مۇمكىنچىلىكى باركى، قەدىمكى زامانلاردا يەھۇدىي خەلقى ئۆز نانلىرىنى بىر ھاسىدا (زىختا تىزىلغاندەك) كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇنداق بولسا بۇ سۆزلەر ئىككى بىسلىق بولۇپ، ھەم مۇشۇ «تاياقلار» ھەم «قۇۋۋەت-يۆلەنچۈك»لەرنى تەڭ كۆرسىتىدۇ.

ئۆيۈمدىمۇ يا ئاش-نان يا كىيىم-كېچەك يوق؛
مېنى خەلققە يېتەكچى قىلماڭلار!» ــ دەيدۇ.
[8] چۈنكى يېرۇسالېم پۇتلىشىدۇ-چۈشكۈنلىشىدۇ،
يەھۇدا بولسا يىقىلىدۇ؛
سەۋەبى، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئەللەتلىرى پەرۋەردىگارغا قارشى چىقىپ،
شەرەپ ئىگىسىنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ئىسيانكارلىق قىلدى.
[9] ئۇلارنىڭ چىرايى ئۆزلىرىگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ؛
ئۇلار سودوم شەھىرىدەك گۇناھىنى ھېچ يوشۇرماي،
ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلايدۇ.
ئۇلارنىڭ جېنىغا ۋاي! ئۇلار يامانلىقنى ئۆز بېشىغا چۈشۈرگەن!
[10] ھەققانىيلارغا ئېيتقىنكى،
ئۇلار ئامان-ئېسەنلىكتە تۇرىدۇ،
ئۇلار ئۆز ئەمەللىرىنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ؛
[11] رەزىللەرگە ۋاي! بېشىغا يامانلىق چۈشىدۇ،
چۈنكى ئۆز قولى بىلەن قىلغانلىرى ئۆزىگە يانىدۇ.
[12] مېنىڭ خەلقىمدە بولسا، باللار ئۇلارنى خار قىلىدۇ،
ئاياللار ئۇلارنى ئىدارە قىلىدۇ؛
ئى خەلقىم! سىلەرنى يېتەكلەۋاتقانلار سىلەرنى ئازدۇرىدۇ،
ئۇلار ماڭىدىغان يوللىرىڭلارنى يوق قىلىدۇ.
[13] پەرۋەردىگار ئۆز دەۋاسىنى سوراشقا ئورۇن ئالىدۇ،
خەلق-مىللەتلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئۆرە تۇرىدۇ؛
[14] پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە ئەمىرلىرى بىلەن دەۋالىشىپ، ئۇلارغا: ــ ئۈزۈمزارلىقنى يەپ تۈگەتكەنلەر سىلەر ئۆزۈڭلار، ئاجىز مۆمىنلەردىن ئالغان ئولجا ئۆيۈڭلاردا ياتىدۇ، دەيدۇ.

8:3 **«...يېرۇسالېم پۇتلىشىدۇ-چۈشكۈنلىشىدۇ...»** ــ ياكى «...يېرۇسالېم خاراب قىلىنىدۇ».
12:3 **«باللار ئۇلارنى خار قىلىدۇ، ئاياللار ئۇلارنى ئىدارە قىلىدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە، يەشايا بەلكىم ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ باللىق قىلىدىغانلىقى، ئۆز ئاياللىرى ۋە كېنەزەكلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى.

15 — سىلەرنىڭ خەلقىمنى ئاشۇنداق ئېزىپ،
ئاجىز مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرىگە دەسسەپ زادى نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار.

## يېرۇسالېمدىكى «مودا قوغلىشىدىغان» تەكەببۇر قىز-ئاياللارغا چۈشىدىغان جازا

16 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دېدى: —
«زىئون قىز-ئاياللىرى تەكەببۇرلۇق قىلىپ،
قاش-كىرپىكلىرىنى سۈزۈپ،
كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ناز قىلىپ تايتاڭلىشىپ،
پۇتلىرىنى جىلدىرلىتىپ مېڭىپ يۈرىشىدۇ؛
17 شۇڭا رەب زىئون قىز-ئاياللىرىنىڭ باش چوققىلىرىنى تاز قىلىدۇ،
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئۇيات يەرلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ».
18 ئاشۇ كۈنى رەب ئۇلارنى گۈزەللىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ ئوشۇق جىلدىراقلىرىنى،
باش جىيەكلىرىنى، ئاي شەكىللىك مارجانلىرىنى،
19 ھالقىلىرىنى، بىلەزۈكلىرىنى، چۈمپەردە-چاچۋانلىرىنى،
20 روماللىرىنى، ئوشۇق زەنجىرلىرىنى، پوتىلىرىنى، ئەتىردانلىرىنى، تىلتۇمارلىرىنى،
21 ئۈزۈكلىرىنى، بۇرۇن ھالقىلىرىنى،
22 ھېيتلىق تونلىرىنى، يوپۇقلىرىنى، پۈركەنجىلىرىنى، ھەميانلىرىنى،
23 ئەينەكلىرىنى، ئاپئاق ئىچ كۆينەكلىرىنى، سەللىلىرىنى ۋە تور پەردىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ.
24 ئەمدى شۇنداق بولىدۇكى،

17:3 **«پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئۇيات يەرلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ»** — ياكى «پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ چېكىسىنى پاخشەك قىلىدۇ».
19:3 **«چاچۋان»** — بىرخىل چۈمپەردە، نىقاب.

ئەتىر پۇرىقىنىڭ ئورنىغا بەتبۇيلۇق؛
پوتىنىڭ ئورنىدا ئارغامچا،
چىرايلىق ياسىغان چاچلىرىنىڭ ئورنىدا تاز بېشى،
كىيىلىشكەن تونىنىڭ ئورنىدا بۆز رەختلەر،
گۈزەللىكىنىڭ ئورنىدا داغمال تامغىسى بولىدۇ.
[25] سېنىڭ يىگىتلىرىڭ قىلىچلىنىپ،
باتۇرلىرىڭ جەڭدە يىقىلىدۇ.
[26] زىئوننىڭ قوۋۇقلىرى زار كۆتۈرۈپ ماتەم تۇتىدۇ؛
ئۇ يالىڭاچلانغان هالدا يەرگە ئولتۇرۇپ قالىدۇ.

## داۋامى

4 [1] شۇ كۈنى يەتتە ئايال بىر ئەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن: ــ «بىز ئۆز نېنىمىزنى يەيمىز، ئۆز كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى كىيىمىز؛ پەقەت بىزنى رەسۋالىقتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، بىزنى نامىڭىزغا تەۋە قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمىز!» ــ دەيدۇ.

[2] شۇ كۈنى «پەرۋەردىگارنىڭ شېخى» ئۇنىڭ گۈزەللىكى هەم شەرىپىنى كۆرسەتكۈچى بولىدۇ،
زېمىن بەرگەن مېۋە بولسا،
قېچىپ قۇتۇلغان ئىسرائىلدىكىلەرگە شۆهرەت ۋە گۈزەللىك كەلتۈرىدۇ.

1:4 **«بىزنى نامىڭىزغا تەۋە قىلىشىڭىز»** ــ شۇ دەۋردە، توي قىلغاندىن كېيىن، ئايال ئېرىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدىغان ئادەت بار ئىدى.
2:4 **«پەرۋەردىگارنىڭ شېخى»** ــ چوقۇم پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىدىن چىققان بىر زاتنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى تۆۋەندە ئېنىقلىنىدۇ. **«پەرۋەردىگارنىڭ شېخى» ئۇنىڭ گۈزەللىكى هەم شەرىپىنى كۆرسەتكۈچى بولىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا ««پەرۋەردىگارنىڭ شېخى» گۈزەللىك ۋە شان-شەرەپ ئۈچۈن بولىدۇ».

3 ھەم شۇنداق ئىش بولىدۇكى،
زىئوندا قالغانلار، يېرۇسالېمدا توختىتىلغانلار،
يەنى يېرۇسالېمدا ھايات دەپ تىزىملانغانلارنىڭ ھەممىسى پاك-
مۇقەددەس دەپ ئاتىلىدۇ.
4 شۇ چاغدا رەب ئادالەت يۈرگۈزگۈچى روھ ھەم كۆيدۈرگۈچى روھ بىلەن،
زىئون قىزلىرىنىڭ پاسىقلىقىنى يۇيۇپ،
يېرۇسالېمنىڭ قان داغلىرىنى تازىلايدۇ.
5 شۇ چاغدا پەرۋەردىگار كۈندۈزدە زىئون تېغىدىكى ھەربىر ئۆي،
شۇنداقلا بارلىق ئىبادەت سورۇنلارنىڭ ئۈستىگە ئىس-تۈتەك ۋە بۇلۇت،
كېچىدە بولسا ئوت يالقۇنىنىڭ جۇلاسىنى يارىتىدۇ؛
چۈنكى شان-شەرەپنىڭ ئۈستىدە سايىۋەن بار بولىدۇ.
6 شۇ كۈنى، كۈندۈزدە تومۇز ئىسسىقتا سايە قىلىدىغان،
خەتەردىن پاناھلاندۇرىدىغان، بوران-يامغۇرلارغا دالدا بولىدىغان بىر
سايىۋەنلىك كەپە بولىدۇ».

## ئۈزۈمزار ناخشىسى

5 1 مەن ئۆز سۆيگەن يارىمغا،
مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم ئۈچۈن ئۆز ئۈزۈمزارى توغرۇلۇق بىر كۈي
ئېيتىپ بېرەي؛
سۆيۈملۈكۈمنىڭ مۇنبەت بىر دۆڭ ئۈستىدە ئۈزۈمزارى بار ئىدى؛
2 ئۇ ھەممە يېرىنى كولاپ تاشلارنى ئېلىپ تاشلىدى،

3:4 «...**يېرۇسالېمدا ھايات دەپ تىزىملانغانلارنىڭ ھەممىسى پاك-مۇقەددەس دەپ ئاتىلىدۇ**» ــ ئاخىرقى زاماندا يەھۇدىيلارنىڭ «قالدى»سى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.
5:4 «**شان-شەرەپنىڭ ئۈستىدە سايىۋەن بار بولىدۇ**» ــ دېمەك، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى يېرۇسالېمدا تۇرىدۇ.
1:5 «**مەن ئۆز سۆيگەن يارىمغا... بىر كۈي ئېيتىپ بېرەي**» ــ پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقان «يار»ى بولسا خۇدادۇر. «**مۇنبەت بىر دۆڭ ئۈستىدە...**» ــ ئىبرانيي تىلىدا «بىر مۆڭگۈز، زەيتۇن مەيلىك ئوغۇل ئۈستىدە...».

**ئەڭ ئېسىل ئۈزۈم تېلى تىكتى؛**
**ئۇ ئۈزۈمزار ئوتتۇرىسىغا كۆزىتىش مۇنارى سالدى،**
**ئۈزۈمزار ئىچىدىمۇ شاراپ كۆلچىكى قازدى،**
**ئاندىن ئۈزۈمدىن ياخشى هوسۇل كۈتتى؛**
**بىراق بۇنىڭ ئورنىغا، ئۈزۈمزار ئاچچىق ئۈزۈملەرنىلا بەردى.**
[3] **قېنى، ئى يېرۇسالېمدىكىلەر ۋە يەهۇدانىڭ ئادەملىرى،**
**مەن بىلەن ئۈزۈمزارىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن هۆكۈم چىقىرىڭلار!**
[4] **مېنىڭ ئۈزۈمزارىمدا قىلغۇدەك يەنە نېمە ئىشىم قالدى؟**
**ياخشى ئۈزۈملەرنى كۈتكىنىمدە،**
**نېمىشقا پەقەت ئاچچىق ئۈزۈمنىلا چىقىرىپ بەردى؟**
[5] **ئەمدى هازىر ئۆز ئۈزۈمزارىمنى نېمە قىلىدىغىنىمنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي: ـ**
**ئۇنىڭ چىتلاقلىرىنى ئېلىپ تاشلايمەن، ئۇ يۇتۇۋېتىلىدۇ؛**
**ئۇنىڭ تاملىرىنى چېقىپ غۇلىتىمەن، ئۇ چەيلىنىدۇ.**
[6] **مەن ئۇنى چۆللۈككە ئايلاندۇرىمەن؛**
**هېچكىم ئۇنى چاتاپ-پۇتاپ، پەرۋىش قىلمايدۇ؛**
**جىغانلار ۋە تىكەنلەر ئۇنىڭدا ئۆسۈپ چىقىدۇ؛**
**بۇلۇتلارغا ئۇنىڭ ئۈستىگە هېچ يامغۇر ياغدۇرماڭلار دەپ بۇيرۇيمەن.**
[7] **چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۈزۈمزارى ـ ئىسرائىل جەمەتى،**
**ئۇنىڭ خۇشاللىقى بولغان ئۆسۈملۈك بولسا ـ يەهۇدادىكىلەردۇر؛**
**ئۇ ئادالەت مېۋىسىنى كۈتكەن،**

---

2:5 **«...ئۈزۈمزار ئاچچىق ئۈزۈملەرنىلا بەردى»** ــ مۇشۇ يەردە «ئاچچىق» ئىبرانىي تىلىدىكى «سېسىق»نى بىلدۈرىدۇ.

**4:5** يەر. 5:2؛ مك. 3:6، 8

5:5 **«ئۇنىڭ چىتلاقلىرىنى ئېلىپ تاشلايمەن، ئۇ يۇتۇۋېتىلىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئۇنىڭ چىتلاقلىرىنى ئېلىپ تاشلايمەن، ئۇ كۆيدۈرۈلىدۇ».

**5:5** زەب. 80:12-13

بىراق مانا ئەمدى زۇلۇم كۆردى؛
ھەققانىيلىقنى كۈتكەن،
بىراق مانا ئەمدى نالە-پەرياد بولدى!
8 خەقلەرگە ھېچ ئورۇن قالدۇرماي ئۆينى-ئۆيگە، ئېتىزنى-ئېتىزغا
ئۇلىغانلارغا ۋاي!
ئۆزۈڭلارنى يالغۇز زېمىندا قالدۇرماقچىمۇسىلەر؟
9 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مېنىڭ قۇلىقىمغا
مۇنداق دېدى: ــ
«كۆپلىگەن ئۆيلەر،
دەرۋەقە ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك ئۆيلەر ئادەمزاتسىز، خاراب بولىدۇ.
10 بەرھەق، قىرىق مولۇق ئۈزۈمزار پەقەت ئالتە كۈپ شاراب بېرىدۇ،
ئوتتۇز كۈرە دان بولسا پەقەت ئۈچ كۈرە ھوسۇل بېرىدۇ.
11 مەي ئىچىشكە ئالدىراپ تاڭ ئاتقاندا ئورنىدىن تۇرغانلارغا،
قاراڭغۇ چۈشىشىگە قارىماي، شارابتىن كەيپ بولغۇچە بېسىپ
ئولتۇرغانلارغا ۋاي!
12 ئۇلارنىڭ زىياپەتلىرىدە چىلتار ۋە لىرا، تەمبۇر ۋە نەي، شارابمۇ بار؛
بىراق ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ قىلغانلىرىغا ۋە قول ئىشلىرىغا ھېچ

---

**7:5** **«مانا ئەمدى نالە-پەرياد بولدى!»** ــ مۇشۇ ئايەتتە ۋەھىي-خەۋەرنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىبرانىي تىلىدا ئاھاڭداش سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ: «ئادالەت» ــ «مىشپات»، «زۇلۇم» ــ «مىشپاق»؛ «ھەققانىيلىق» ــ «تسەدەقاھ»، «نالە-پەرياد» ــ «زەدەكاھ». يەشايا پەيغەمبەر ھەردائىم مۇشۇنداق سۆز ئويۇنى قىلىدۇ.

**7:5** زەب. 80:8-9

**8:5** مىك. 2:2

**10:5** **«بەرھەق، قىرىق مولۇق ئۈزۈمزار پەقەت ئالتە كۈپ شاراب بېرىدۇ»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «قىرىق مولۇق يەر» ئىبرانىي تىلىدا «ئون قوش كالىلىق يەر» دېگەنلىك بولۇپ، ئون قوش كالا بىر كۈن ئىچىدە ئاغدۇرالايدىغان يەر. **«ئالتە كۈپ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بىر بات»، بەلكىم 27 لىترگە توغرا كېلىدۇ. **«ئوتتۇز كۈرە»** ــ بىر «كۈرە» بىر كور، يەنى 20 لىتر. «30 كۈرە» بولسا ئىبرانىي تىلىدا «بىر خومىر» (300 لىتر)، «3 كۈرە» ئىبرانىي تىلىدا «بىر ئەفاھ» (30 لىتر).

**11:5** پەند. 23:30،29

**ئېتىۋار قىلمايدۇ.**
**[13] شۇ سەۋەبتىن ئۆز خەلقىم بىلىمدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى**
**تۈپەيلىدىن سۈرگۈن بولۇپ كېتىدۇ؛**
**ئېسىلزادىلىرى ئېچىرقىشىپ،**
**پۇقرالىرى ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ كېتىدۇ.**
**[14] شۇڭا تەھتىسارا نەپسىنى يوغىنىتىپ،**
**ئاغزىنى هاڭ ئاچىدۇ؛**
**ئۇلارنىڭ شۆھرەتلىرى، توپ-توپ ئادەملىرى، قىقاس-سۈرەن**
**كۆتۈرگۈچىلىرى ۋە نەغمە ئوينىغۇچىلىرى بىراقلا ئىچىگە چۈشۈپ**
**كېتىدۇ.**
**[15] پۇقرالار ئېگىلدۈرۈلىدۇ،**
**مۆتىۋەرلەرمۇ تۆۋەن قىلىنىدۇ،**
**تەكەببۇرلارنىڭ كۆزلىرى يەرگە قارىتىلىدۇ؛**
**[16] بىراق ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئادالەت**
**يۈرگۈزگىنىدە ئۈستۈن دەپ مەدھىيىلىنىدۇ،**
**پاك-مۇقەددەس بولغۇچى تەڭرى ھەققانىيلىقىدىن پاك-مۇقەددەس**
**دەپ بىلىنىدۇ.**
**[17] شۇ چاغدا قوزىلار ئۆز يايلاقلىرىدا تۇرغاندەك ئوتلايدۇ،**
**مۇساپىرلارمۇ بايلارنىڭ ۋەيرانە ئۆيلىرىدە ئوزۇقلىنىدۇ.**
**[18] قەبىھلىكنى ئالدامچىلىقنىڭ يىپلىرى بىلەن،**

---

**12:5 «لىرا»** — بىر خىل تارلىق ساز. **«پەرۋەردىگارنىڭ قىلغانلىرى...»** — بۇ ئىبارە بەلكىم بىپايان ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئاجايىبلىقلىرىنى، «قول ئىشلىرى» بولسا بەلكىم ئۇنىڭ ئىسرائىللارغا كۆرسەتكەن نىجاتلىق مۆجىزىلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**13:5** ئام. 7:6

**14:5 «تەھتىسارا»** — ئىبرانىي تىلىدا «شېئول» دېگەن يەر، «يەر ئاستىدىكى ساراي» (يەنى، «تەكت ساراي»)، ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان، قىيامەت كۈنىنى كۈتىدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ.

**17:5 «قوزىلار... ئوتلايدۇ،... مۇساپىرلار... ئوزۇقلىنىدۇ»** — دېمەك، زېمىن بوش، قۇرۇق بولۇپ كەتكەچكە، قويلار ھەم يات ئادەملەر ئەركىنلىك بىلەن ھەتتا بايلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئوزۇقلۇق تاپىدۇ.

**17:5** يەش. 30:14

**گۇناھنى ھارۋا ئارغامچىسى بىلەن تارتقانلارغا ۋاي!**
**[19] يەنى: «خۇدا ئالدىرىسۇن!**
**ئىشلىرىنى ئۆزى ئىتتىكرەك ئادا قىلسۇن،**
**شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنى كۆرەلەيمىز!**
**«ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى»نىڭ نىيەت قىلغىنى**
**يېقىنلىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلغاي،**
**بىز ئۇنى بىلىۋالايلى!» ــ دېگەنلەرگە ۋاي!**
**[20] يامانىنى ياخشى، ياخشىنى يامان دېگۈچىلەرگە،**
**قاراڭغۇلۇقنى نۇرنىڭ، نۇرنى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئورنىغا قويغۇچىلارغا،**
**ئاچچىقنى تاتلىقنىڭ، تاتلىقنى ئاچچىقنىڭ ئورنىغا قويغۇچىلارغا ۋاي!**
**[21] ئۆزلىرىنى دانا دەپ چاغلىغانلارغا،**
**ئۆز نەزىرىدە ئۆزلىرىنى ئەقىللىق دەپ قارىغانلارغا ۋاي!**
**[22] شاراب ئىچىشكە باتۇر بولغانلارغا،**
**ھاراقنى ئەبجەش قىلىشتا قەھرىمان بولغانلارغا،**
**[23] يەنى پارا ئۈچۈن رەزىللەرنى ئاقلاپ،**
**شۇنىڭ بىلەن ھەققانىيلارنىڭ ئادالىتىنى رەت قىلغۇچىلارغا ۋاي!**
**[24] شۇڭا، ئوت يالقۇنلىرى سامانلارنى يوتۇۋەتكەندەك،**
**يالقۇنلاردا مەڭگەنلەر سولىشىپ يوقالغاندەك،**
**ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى چىرىپ كېتىدۇ،**
**گۈل-چېچەكلىرى چاڭ-توزاڭدەك توزۇپ كېتىدۇ؛**
**چۈنكى ئۇلار ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ**

---

18:5 **«گۇناھنى ھارۋا ئارغامچىسى بىلەن تارتقانلارغا ۋاي!»** ــ دېمەك، ئۇلار گۇناھلىرىنى ھەتتا ئۆز تېنىدە كۆتۈرەلمەيدۇ، كەبىھلىكلىرى ئىنتايىن كۆپ ھەم ئوپئوچۇقتۇر.
19:5 **«ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى»** ــ 4:1دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
**21:5** پەند. 7:3؛ رىم. 16:12
22:5 **«ھاراقنى ئەبجەش قىلىشتا قەھرىمان بولغانلار...»** ــ مۇشۇلار كىنايىلىك سۆز، ئەلۋەتتە.
**23:5** پەند. 15:17؛ 24:24

يولىيورۇق-قانۇنىنى چەتكە قاققان،
ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ سۆز-كالامىنى كۆزگە ئىلمىغانىدى.
25 شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ئۆز خەلقىگە قاراپ قاينايدۇ،
ئۇ ئۇلارغا قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ يىقىتىدۇ.
تاغلار تەۋرىنىپ كېتىدۇ؛
ئۆلۈكلەر ئەخلەتلەردەك كوچىلار ئوتتۇرىسىدا دۆۋە-دۆۋە بولىدۇ.
مۇشۇنداق ئىشلار بولسىمۇ،
ئۇنىڭ غەزىپى يەنىلا يانمايدۇ،
سوزغان قولى يەنىلا قايتۇرۇلماي تۇرىدۇ.
26 ئۇ يىراقتىكى ئەللەرنى چاقىرىپ تۇغنى كۆتۈرىدۇ،
ئۇ يەر يۈزىنىڭ چەت ياقىسىدىن بىر ئەلنى ئۈشقىرتىپ چاقىرىدۇ؛
مانا ئۇلار تېزدىن ئالدىراپ كېلىدۇ!
27 ئۇلاردىن ھېچبىرى چارچاپ كەتمەيدۇ،
پۇتلىشىپمۇ كەتمەيدۇ.
ھېچبىرى مۈگدىمەيدۇ، ئۇخلىمايدۇ،
باغلىغان بەلۋاغلىرىدىن ھېچبىرى بوشىمايدۇ،
چورۇقلىرىنىڭ بوغقۇچلىرىدىن ھېچبىرى ئۈزۈلمەيدۇ؛
28 ئۇلارنىڭ ئوقلىرى ئىتتىك،
بارلىق ئوقيالىرىنىڭ كىرىچلىرى تارتىلىپ تەييار تۇرىدۇ،
ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى چاقماق تېشىدەك بولىدۇ،
جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى قويۇنتازدەك ئايلىنىدۇ؛
29 ئۇلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى شىرنىڭكىدەك بولىدۇ،
ئۇلار ئارسلانلاردەك ھۆركىرىشىدۇ،
دەرۋەقە، ئۇلار ئوۋغا ئېرىشكەندە غاژ-غۇژ قىلىپ ھۆرپىيىشىدۇ؛
ئوۋنى قۇتقۇزغۇدەك ھېچكىم بولماي،

**24:5** مىس. 7:15؛ يەش. 18:9
**25:5** يەش. 9:11، 16، 20؛ 10:4، 6

ئۇلار ئۇنى ئېلىپ كېتىدۇ.
30 شۇ كۈنى ئۇلار دېڭىزلار ھۆركۈرىگەندەك ئۇنىڭغا ھۆركىرىشىدۇ؛
ئەگەر بىرەرسى يەر-زېمىنغا قارىغۇدەك بولسا،
پەقەت قاراڭغۇلۇق، دەرد-ئەلەمنىلا كۆرىدۇ!
ھەرقانداق نۇر بۇلۇت-تۇمان تەرىپىدىن غۇۋالىشىدۇ.

## خۇدانىڭ يەشايانى پەيغەمبەر قىلىپ چاقىرىشى

6 1 ئۇززىيا پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتكەن يىلى مەن رەبنى كۆردۈم؛
ئۇ ئېگىز ۋە ئۇلۇغ بىر تەختتە ئولتۇراتتى؛
ئۇنىڭ تونى ئىبادەتخانىغا بىر كەلگەنىدى.
2 ئۇنىڭ ئۈستىدە سارافلار پەرۋاز قىلىپ تۇراتتى؛
ھەربىرىنىڭ ئالتە تال قانىتى بار ئىدى؛
ئىككى قانىتى بىلەن ئۇ يۈزىنى ياپاتتى،
ئىككى قانىتى بىلەن ئۇ پۇتىنى ياپاتتى،
ۋە ئىككى قانىتى بىلەن ئۇ پەرۋاز قىلىپ تۇراتتى.
3 ئۇلاردىن بىرى باشقا بىرىسىگە: ــ «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار، مۇقەددەس، مۇقەددەس، مۇقەددەستۇر!

---

30:5 **«...ئۇلار دېڭىزلار ھۆركۈرىگەندەك ئۇنىڭغا ھۆركىرىشىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «...ئۇلار دېڭىزلار ھۆركۈرىگەندەك ئۇنىڭغا ھۆركىرىشىدۇ». ئۇلارنىڭ ئۇۋلايدىغىنى بولسا ئىسرائىلدۇر.

**30:5** يەش. 22:8

**1:6** 2پاد. 7:15

2:6 **«سارافلار»** ــ ئىبرانىي تىلدىكى سۆز بولۇپ، «كۆيگۈچىلەر» «كۆيۈۋاتقانلار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئىبرانىي تىلدىكى مۇشۇ كۆپلۈك ئىسىم بولسا «ئۈچ ياكى ئۈچتىن كۆپ»نى بىلدۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار بىرخىل پەرىشتىدۇر. ئۇلار ئاز دېگەندە ئۈچ بولىدۇ، بىراق زادى قانچىسى بارلىقىنى بىلمەيمىز.

**2:6** ۋەھ. 8:4؛ ئىبر. 1:6؛ 1تىم. 16:3

**بارلىق يەر يۈزى ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە تولغان!» ــ دەپ تووۋلاۋاتاتتى.**
**4 تووۋلىغۇچىنىڭ ئاۋازىدىن دەرۋازىنىڭ كېشەكلىرى تەۋرىنىپ كەتتى،**
**ئۆي ئىس-تۈتەك بىلەن قاپلاندى.**
**5 شۇنىڭ بىلەن مەن: ــ «ئۆزۈمگە ۋاي! مەن تۈگەشتىم! چۈنكى مەن**
**لەۋلىرى ناپاك ئادەممەن ھەم ناپاك لەۋلىك خەلق بىلەن ئارىلىشىپ**
**تۇرۇپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن پادىشاھقا، يەنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ**
**سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا قارىدىم!» ــ دېدىم.**
**6 شۇنىڭ بىلەن سارافلاردىن بىرى قولىدا قۇربانگاھتىن بىر چوغنى**
**لاخشىگىرغا قىسىپ ئېلىپ، يېنىمغا ئۇچۇپ كەلدى؛ 7 ئۇ ئۇنى**
**ئاغزىمغا تەگكۈزۈپ: ــ «مانا، بۇ لەۋلىرىڭگە تەگدى؛ سېنىڭ**
**قەبىھلىكىڭ ئېلىپ تاشلاندى، گۇناھىڭ كەفارەت بىلەن كەچۈرۈم**
**قىلىندى» ــ دېدى.**
**8 ئاندىن مەن رەبنىڭ: ــ «مەن كىمنى ئەۋەتىمەن؟ كىم بىزگە ۋەكىل**
**بولۇپ بارىدۇ؟» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.**
**شۇنىڭ بىلەن مەن: ــ «مانا مەن! مېنى ئەۋەتكەيسەن!» ــ دېدىم.**
**9 ۋە ئۇ: «بارغىن؛ مۇشۇ خەلققە مۇنداق دەپ ئېيتقىن: ــ «سىلەر**
**ئاڭلاشنى ئاڭلايسىلەر، بىراق چۈشەنمەيسىلەر؛**
**كۆرۈشنى كۆرۈسىلەر، بىراق بىلىپ يەتمەيسىلەر.**

---

3:6 **«... مۇقەددەس، مۇقەددەس، مۇقەددەستۇر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بىر سۆپەت ئىككى قېتىم تەكرارلانسا، ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پۈتكۈل مۇقەددەس كىتابتا مەلۇم بىر سۆپەتنىڭ ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشى پەقەت مۇشۇ يەردىلا تېپىلىدۇ؛ خۇدانىڭ پاك-مۇقەددەسلىكى، شۈبھىسىزكى، «مۇكەممەل، ئىنسان تەسسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجە»دە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3:6 يەش. 9:11؛ ۋەھ. 8:4؛ چۆل. 21:14؛ زەب. 8:1، 9؛ ھاب. 14:2

5:6 **«مەن تۈگەشتىم!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ ۋە «مەن پارچە-پارچە قىلىندىم!» ھەم «مەن سۈكۈتتە تۇرغۇزۇلدۇم» دېگەننىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

7:6 **«گۇناھىڭ كەفارەت بىلەن كەچۈرۈم قىلىندى»** ــ «كەفارەت» توغرۇلۇق «مىس.» 17:25 ۋە ئىزاھاتى، شۇنداقلا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

7:6 يەر. 9:1؛ دان. 16:10

8:6 **«مېنى ئەۋەتكەيسەن!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا تەكىتلىگىنى: «ئەۋەتكەيسەن!»

9:6 مات. 14:13؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ يـۇھ. 40:12؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11

**[10] مۇشۇ خەلقنىڭ يۈرىكىنى تاش قىلغىن؛
ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر،
كۆزلىرىنى كور قىلغىن؛
بولمىسا، ئۇلار كۆزلىرى بىلەن كۆرەلەيدىغان،
قۇلىقى بىلەن ئاڭلىيالايدىغان،
كۆڭلى بىلەن چۈشىنەلەيدىغان قىلىنىپ،
يولىدىنياندۇرۇلۇپ ساقايتىلغان بولاتتى».
[11] ئاندىن مەن: ــ «رەب، بۇ ئەھۋال قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟» ــ دەپ
سورىۋىدىم،
ئۇ جاۋابەن: ــ «تا شەھەرلەر خاراب قىلىنىپ ئاھالىسىز،
ئۆيلەر ئادەمزاتسىز،
زېمىن پۈتۈنلەي چۆلگە ئايلىنىپ بولغۇچە،
[12] پەرۋەردىگار ئادەملىرىنى يىراقلارغا يۆتكەپ،
زېمىندىكى تاشلىۋېتىلگەن يەرلەر كۆپ بولغۇچە بولىدۇ» ــ دېدى.
[13] «ھالبۇكى، زېمىندا ئادەملەرنىڭ ئوندىن بىرىلا قالىدۇ؛
ئۇلار زېمىنغا قايتىپ كېلىپ يەنە يۇتۇۋېتىلىدۇ،
كېسىلگەن بىر دۇب ياكى ئارئار دەرىخىنىڭ كۆتىكىدەك بولىدۇ؛
كۆتەك بولسا «مۇقەددەس نەسىل» بولۇر.**

10:6 **«مۇشۇ خەلقنىڭ يۈرىكىنى تاش قىلغىن»** ــ «يۈرىكى تاش» دېگەن سۆز، ئىبرانىي تىلىدا «يۈرىكى مايلىق» دەپ ئېلىنغان. **«كۆزلىرىنى كور قىلغىن؛ بولمىسا، ئۇلار كۆزلىرى بىلەن كۆرەلەيدىغان، ... يولىدىن ياندۇرۇلۇپ ساقايتىلغان بولاتتى»** ــ مۇشۇ قورقۇنچلۇق سۆزلەرگە قارىغاندا، يەشايا مەزكۇر كىتابتىكى بېشارەتلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نەتىجىسى شۇنداق ئېچىنىشلىق بولىدۇكى، ئىسرائىللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز گۇناھلىرىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، ھالاك بولۇش يولىنى تاللايدىغان بولىدۇ.

**10:6** يەر. 21:5

11:6 **«زېمىن پۈتۈنلەي چۆلگە ئايلىنىپ بولغۇچە،...»** ــ «زېمىن» ئىسرائىل تۇرۇۋاتقان زېمىننى كۆرسىتىدۇ.

13:6 **«مۇقەددەس نەسىل»** ــ خۇداغا سادىق بولغان، يۇقىرىدا دېيىلگەن «قالدى»، يەنى خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنى، خۇداغا سادىق بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

## داۋۇت جەمەتىگە سىپلىنغان تەھدىت؛
## قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى توغرۇلۇق بېشارەت

7 [1] يەھۇدا پادىشاھى ئاھاز (ئۇززىيانىڭ نەۋرىسى، يوتامنىڭ ئوغلى) تەختكە ئولتۇرغان كۈنلىرىدە، مۇنداق ئىش بولدى: —
سۇرىيەنىڭ پادىشاھى رەزىن ۋە ئىسرائىل پادىشاھى رەمالىيانىڭ ئوغلى پېكاھ يېرۇسالېمغا قارشى جەڭ قىلدى، لېكىن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمىدى.
[2] داۋۇتنىڭ جەمەتىگە: —
«سۇرىيە ئەفرائىم بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلەشمە قوشۇن قۇردى» — دېگەن خەۋەر كەلدى.
شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۆڭلى ۋە خەلقىنىڭ كۆڭلى ئورمانلار شامالدا سىلكىنىپ كەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتى.
[3] ئاندىن پەرۋەردىگار يەشاياغا مۇنداق دېدى: — «سەن ۋە ئوغلۇڭ
شېئار-جاشۇب چىقىپ، كىر يۇغۇچىلارنىڭ ئېتىزىنىڭ بويىدىكى
يولغا، يۇقىرى كۆلچەك نورىنىڭ بېشىغا بېرىپ، ئاشۇ يەردە ئاھاز

---

1:7 **«ئىسرائىل پادىشاھى رەمالىيا...»** — «يەشايا» كىتابىنىڭ پەقەت مۇشۇ يېرىدىلا ۋە 1:9-21-ئايەتلەردە، «ئىسرائىل» ئىسرائىلنىڭ شىمالىي قىسىم پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سۇلايمان ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئىسرائىل ئىككىگە بۆلۈنۈپ، جەنۇبىي قىسىم «يەھۇدا»، (ئاساسەن، يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەر)، شىمالىي قىسىم «ئىسرائىل» ياكى بەزىدە «ئەفرائىم» (ئەفرائىم قەبىلىسىدىكىلەر ۋە باشقا توققۇز قەبىلىدىكىلەردىن تەركىب تاپقان) دەپ ئاتالغانىدى. كىتابتا باشقا ھەر يەرلەردە، «ئىسرائىل» ئون ئىككى قەبىلىلىك پۈتۈن يەھۇدىي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. **«لېكىن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمىدى»** — ياكى «لېكىن ئۇ (پېكاھ) ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمىدى».

**1:7** 2پاد. 5:16؛ 2تار. 5:28

2:7 **«ئەفرائىم»** — مۇشۇ يەردە شىمالىي پادىشاھلىقتىكى «ئىسرائىل»نىڭ كۆپ سانلىق قەبىلىسى. مۇشۇ يەردە «ئەفرائىم» باشقا توققۇز قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«...ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلەشمە قوشۇن قۇردى»** — مۇشۇ ئىبارە ئىبرانىي تىلىدا بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

بىلەن كۆرۈشكىن. [4] سەن ئۇنىڭغا: ــ «سەن ئېھتىيات بىلەن كۆڭلۈڭنى
توق تۇت! بۇ ئىككى كۆيمەس ئوتقاشنىڭ كۆتىكىدىن، يەنى رەزىن ھەم
سۇرىيەنىڭ ۋە رەمالىيانىڭ ئوغلىنىڭ دەشتى-غەزەپلىرىدىن قورقما،
يۈرەكزادى بولۇپ كەتمە! [5] چۈنكى سۇرىيە، ئەفرائىم ۋە رەمالىيانىڭ
ئوغلى سېنى قەستلەپ: ــ
[6] «بىز يەھۇداغا بېسىپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئۆزىمىز
ئۈچۈن تالان-تاراج قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر پادىشاھنى، يەنى تابەئالنىڭ
ئوغلىنى تىكلەيلى!» دېگەنىدى.
[7] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«بۇ سۆز ئاقمايدۇ، ھېچ ئەمەلگە ئاشمايدۇ؛
[8] چۈنكى سۇرىيەنىڭ بېشى دەمەشق شەھىرى ۋە دەمەشق شەھىرىنىڭ
بېشى رەزىندۇر، خالاس؛
ۋە ئاتمىش بەش يىل ئىچىدە ئەفرائىم شۇنداق بىتچىت بولىدۇكى،
ئۇلارنى «بىر خەلق» دېگىلى بولمايدۇ؛
[9] ۋە ئەفرائىمنىڭ بېشى سامارىيە شەھىرىدۇر،
سامارىيە شەھىرىنىڭ بېشى رەمالىيانىڭ ئوغلىدۇر، خالاس؛
سىلەر بۇلارغا ئىشەنمىسەڭلار، مۇستەھكەملەنمەيسىلەر» ــ

3:7 **«ئوغلۇڭ شېئار-جاشۇب»** ــ «شېئار-جاشۇب» «بىر قالدى قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن مەنىدە. يەشايانىڭ بۇ ئوغلىنى بىللە ئېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، 16-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. **«سەن ... يۇقىرى كۆلچەك نورىنىڭ بېشىغا بېرىپ،...»** ــ شۈبھىسىزكى، ئاھاز ئاشۇ يەردە تۇرۇپ، مۇشۇ قوشۇنلار چوقۇم كېلىپ بىزنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، شۇڭا سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىم لازىم دېگەن ئويدا ئىدى.
6:7 **«ئۆزىمىز ئۈچۈن تالان-تاراج قىلىپ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆزىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۆسۈپ كىرىپ،...». **«تابەئالنىڭ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «تابەئەل» (خۇدا ياخشى دېگەن مەنىسى) مۇشۇ يەردە «تابەئال» (ھېچ پايدىسى يوق» دېگەن مەنىسى)غا ئۆزگەرتىلگەن.

**دېگىن».**

[10] **پەرۋەردىگار يەنە ئاھازغا سۆز قىلىپ: ــ**

[11] **«ئۆزۈڭ ئۈچۈن بېشارەت سورا؛ مەيلى يەرنىڭ تېگىدە ياكى پەلەكنىڭ قەرىدە بولسۇن سوراۋەر» ــ دېدى.**

[12] **بىراق ئاھاز جاۋابەن: «مەن ھەم سورىمايمەن ھەم پەرۋەردىگارنى سىناقتا قويمايمەن» ــ دېدى.**

[13] **ئاندىن يەشايا: ــ ئەمدى ئى داۋۇت جەمەتىدىكىلەر، ئاڭلاپ قويۇڭلار، ئادەملەرنىڭ سەۋر-تاقىتىنى قويمىغىنىڭلارنى ئاز دەپ، سىلەر خۇدايىمنىڭ سەۋر-تاقىتىنىمۇ قويمىغىلىۋاتامسىلەر؟ [14] شۇڭا رەب ئۆزى سىلەرگە بىر بېشارەت بېرىدۇ: ــ**

**مانا، پاك قىز ھامىلىدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ؛ ئۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى**

---

9:7 **«ئەفرائىمنىڭ بېشى سامارىيە شەھرىدۇر»** ــ سامارىيە شەھرى ئەفرائىمنىڭ پايتەختى. **«دەمەشق شەھرىنىڭ بېشى رەزىندۇر، خالاس،... سامارىيە شەھرىنىڭ بېشى رەمالىيانىڭ ئوغلىدۇر، خالاس؛ سىلەر بۇلارغا ئىشەنمىسەڭلار، مۇستەھكەملەنمەيسىلەر»** ــ ھازىرقى تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، سۈرىيە بىلەن ئىسرائىل ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي مەقستى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىككى دۆلەت يەھۇدانى ئىتتىپاققا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى. ئاھاز پادىشاھ بۇنى رەت قىلدى، چۈنكى ئۇ ئۆزى ئاسۇرىيەلەر بىلەن يوشۇرۇن ھالدا بىر «سۆلھ» تۈزمەكچى بولغان ياكى تۈزگەن. مانا بۇ ئۇنىڭ يەشايانىڭ سۆزىنى رەت قىلغانلىقىنىڭ، يەنى خۇدادىن بېشارەت سورىماسلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر.

—بۇ ئايەتتىكى ئاخىرقى جۈملە: «...ئىشەنمىسەڭلار، مۇستەھكەملەنمەيسىلەر» دېگەن سۆزلەر ئىبرانىي تىلدا ئاھاڭداش سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن: ــ «ئىما تا-ئامىنۇ، كىما تا-ئامىنۇ». «سىلەر» دېگەن سۆزگە قارىغاندا، بۇ سۆزلەر پەقەت ئاھازغىلا ئەمەس، بەلكى داۋۇتنىڭ پۈتكۈل جەمەتىدىكىلەرگە ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

11:7 **«يەرنىڭ تېگى»** ــ مۇشۇ يەردە «يەرنىڭ تېگى» «شېئول»نى، يەنى «تەھتىسارا»نى، ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان، قىيامەت كۈنىنى كۈتىدىغان جايىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

12:7 **«مەن ھەم سورىمايمەن ھەم پەرۋەردىگارنى سىناقتا قويمايمەن»** ــ «خۇدانى سىناش» گۇناھدۇر؛ بىراق مۇشۇ يەردىكى «بېشارەت سوراش» خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ تەكلىپى بولۇپ، گۇناھ ھېسابلانمايدۇ.

«ئىممانۇئېل» دەپ ئاتايدۇ. 15 ياخشىلىقنى تاللاپ، يامانلىقنى رەت
قىلىشنى بىلگۈچە ئۇ پىشلاق ۋە بال يەيدۇ. 16 چۈنكى بۇ ياش بالا
ياخشىلىقنى تاللاپ، يامانلىقنى رەت قىلىشنى بىلگۈچە، سەن
نەپرەتلىنىدىغان بۇ ئىككى پادىشاھنىڭ يەر-زېمىنلىرى تاشلىنىپ
قالىدۇ. 17 چۈنكى پەرۋەردىگار سېنىڭ ۋە ئاتاڭنىڭ جەمەتىگە ئەفرائىم
يەھۇدادىن ئايرىلغان كۈندىن بۇيان بولۇپ باقمىغان قاتتىق كۈنلەرنى
چۈشۈرىدۇ. ئۇ كۈنلەر بولسا ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىدىن ئىبارەتتۇر!
18 شۇ كۈنى پەرۋەردىگار مىسىرنىڭ پىنهان ئېرىقلىرىدىكى پاشىلارنى
ۋە ئاسۇرىيەدىكى ھەرىلەرنى ئۈشقىرتىپ چاقىرىدۇ؛ 19 ئۇلارنىڭ
ھەممىسى كېلىپ ھەربىر خىلۋەت جىلغىلارغا، تاشلارنىڭ ھەربىر

---

14:7 **«شۇڭا رەب ئۆزى سىلەرگە بىر بېشارەت بېرىدۇ...»** — مۇشۇ بېشارەت بولسا، ئۇلارغا ئىشىنىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۇلارغا بولغان نارازىلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. **«ئىممانۇئېل»** — «خۇدا بىز بىلەن بىللە» دېگەن مەنىدە.

**14:7** مات. 23:1؛ لۇقا 31:1

15:7 **«ياخشىلىقنى تاللاپ، يامانلىقنى رەت قىلىشنى بىلگۈچە...»** — ياكى «ياخشىلىقنى تاللاپ، يامانلىقنى رەت قىلىشنى بىلىشى ئۈچۈن». **«پىشلاق ۋە بال يەيدۇ»** — بۇ تاماقلار زېمىنىنىڭ ناچار ئەھۋالغا چۈشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەم ئاز بولغاچقا، تېرىلغۇ يەرلەرمۇ ئاز بولىدۇ. ئادەملەر پەقەت مال بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، تېرىلغۇ يەرلەر ياۋايى ھايۋاناتلار، ھەرە قاتارلىقلارغا تاشلىنىپ قالىدۇ (21-23-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ). ئىممانۇئېل كەمبەغەل شارائىتلاردا تۇغۇلىدۇ ھەم بەلكىم چوڭ بولغۇچە شۇ غۆرىگىل يېمەكلىكنى جاڭگالدىن تېرىپ يەيدۇ، دېمەكچى.

16:7 **«چۈنكى بۇ ياش بالا ياخشىلىقنى تاللاپ، يامانلىقنى رەت قىلىشنى بىلگۈچە...»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «بۇ ياش بالا» ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ، بەلكىم ئىممانۇئېلنىڭ ئۆزى ھەم يەشايانىڭ ئوغلى «شېئار-جاشۇب»نىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن. دېمەك، «شېئار-جاشۇب» چوڭ بولغۇچە، سۇرىيە ھەم ئىسرائىل (شىمالىي پادىشاھلىق) تاشلاندۇق بولۇپ تۇرىدۇ. بېشارەتتىن ئۈچ يىلدىن كېيىن سۇرىيە زېمىنى ۋە ئون ئۈچ يىلدىن كېيىن ئىسرائىل زېمىنى ئاسۇرىيە پادىشاھى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى يەھۇدانىڭ زېمىنىغىچە يېتىپ بېرىپ، ئۇنى بۇلاپ-تالايدۇ، بىراق ئۇنى ئىگىلىيەلمەيدۇ. كېيىنكى بابلارنى، بولۇپمۇ 36-37-بابنى كۆرۈڭ. «ئىممانۇئېل» دېگەن بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى بېشارەت ئاھازغا ئەمەس، «داۋۇت جەمەتىگە» چۈشىدۇ، دېيىلىدۇ. قارىغاندا، «ئىممانۇئېل» داۋۇتنىڭ جەمەتى ئىچىدىكى بىر «پاك قىز»دىن تۇغۇلىدۇ. مۇشۇ بالىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئىنجىلدىكى «ماتتا» 1-، 2-بابنى، «لۇقا» 1-، 2-بابنى كۆرۈڭ.

**ئاراچلىرىغا، ھەممە يانتاقلارغا ۋە ھەممە يايلاقلارغا غۇژژىدە قونۇشىدۇ.**

**[20] ئاشۇ كۈنى، رەب ئەفرات دەرياسىنىڭ نېرىسىدىن ئىجارىگە ئالغان**
**بىر ئۇستىرا بىلەن، يەنى ئاسۇرىيە پادىشاھى بىلەن چاچ چۈشۈرىدۇ؛**
**مۇشۇ ئۇستىرا باشنىڭ چېچىنى، پۇتنىڭ تۈكلىرىنى ۋە ساقالنىمۇ**
**چۈشۈرۈپ غىردايدۇ؛ [21] شۇ كۈنلەردە بىر كىشى ياش بىر سىيىر ۋە**
**ئىككى قوي باقىدۇ، [22] ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ سۈت بەرگىنىدىن ئۇ**
**سېرىق ماي يەيدۇ؛ دەرۋەقە، زېمىندا قالغانلارنىڭ ھەممىسى سېرىق**
**ماي ۋە بال يەيدۇ.**
**[23] ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ھەر تېلى بىر كۈمۈش تەڭگىگە يارايدىغان،**
**مىڭ تېلى بار ئۈزۈمزارلىق بولغان ھەربىر جاي جىغانلىقا ۋە**
**تىككەنلىككە ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ [24] ئاشۇ يەرگە ئادەملەر پەقەت ئوقيا**
**كۆتۈرۈپ كېلىدۇ، چۈنكى پۈتكۈل زېمىن جىغانلىقا ۋە تىكەنلىككە**
**ئايلىنىپ كېتىدۇ. [25] ئىلگىرى كەتمەن چېپىلغان ھەربىر تاغلىق**

---

19:7 **«ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ھەربىر خىلۋەت جىلغىلارغا، ...ھەممە يايلاقلارغا غۇژژىدە قونۇشىدۇ»** ــ دېمەك، ئادەملەر يوشۇرۇنماقچى بولغان ھەربىر جاي بىخەتەر بولمايدۇ، دۈشمەن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ.
—مۇشۇ ئايەتتە ئىبرانىي تىلىدا ئاھاڭداش سۆز ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، بىر توپ ھاشارەتنىڭ «غۇڭ-غۇڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغىنىغا ئوخشىتىلغان.

20:7 **«مۇشۇ ئۇستىرا ... پۇتنىڭ تۈكلىرىنى ۋە ساقالنىمۇ چۈشۈرۈپ غىردايدۇ»** ــ «پۇتنىڭ تۈكلىرى» مۇشۇ يەردە پۈتۈن بەدەندىكى تۈكلەرنى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ، سەل سىلىقلاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن. دېمەك، ئاسۇرىيە پادىشاھى ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كېتىدۇ، ئۇلارنى بەلكىم يالىڭاچ قالدۇرىدۇ.

22:7 **«...ئۇ سېرىق ماي يەيدۇ؛ دەرۋەقە، زېمىندا قالغانلارنىڭ ھەممىسى سېرىق ماي ۋە بال يەيدۇ»** ــ دېمەك، ئادەملەر شۇنچە ئاز، تېرىلغۇ يەر يوق دېيەرلىك، زىرائەتلەرنىڭ ئورنىدا ياۋا ئوت-چۆپ كۆپ بولغاچقا، ئوزۇقلۇق ئاساسەن پەقەت سۈت ھەم بال بولىدۇ.

**23:7** لاۋ. 22:26

24:7 **«ئاشۇ يەرگە ئادەملەر پەقەت ئوقيا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ...»** ــ دېمەك، بۇنداق ئۈزۈمزار ياۋايى ھايۋانلار تۇرىدىغان جايغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئادەملەر ئۇ يەرگە بارىدىغان بولسا، ئۆزىنى قوغداش ياكى ئوۋ قىلىش ئۈچۈن قوراللارنى كۆتۈرگەن ھالەتتىلا بارىدۇ.

جىلغىلارغا بولسا، ــ ئۇلار ئۇ يەرلەرگە جىغانلاردىن ۋە تىكەنلەردىن قورقۇپ بارمايدۇ؛
بۇ يەرلەر پەقەت كالىلارنى ئوتلىتىدىغان،
قويلار دەسسەپ-چەيلەيدىغان جايلار بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

## ئاسۇرىيەنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى توغرىسىدىكى يەنە بىر بېشارەت

8 [1] پەرۋەردىگار ماڭا: ــ
«چوڭ بىر تاختاينى قولۇڭغا ئېلىپ، ئېنىق ھەرپلەر بىلەن: ــ
«ماخار-شالال-خاش-باز» دەپ يازغىن» ــ دېدى.
[2] مەن شۇنداق قىلىپ ئۆزۈمگە «ئىشەنچلىك گۇۋاھچىلار» سۈپىتىدە
مۇشۇنى خاتىرىلەشكە كاھىن بولغان ئۇرىيا ۋە يەرەبەقىيانىڭ ئوغلى
زەكەرىيانى چاقىرىۋالدىم. [3] ئاندىن مەن ئايال پەيغەمبەر بىلەن بىللە
ياتتىم. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى.
شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ماڭا: ــ «ئۇنىڭ ئىسمىنى «ماخار-شالال-
خاش-باز» دەپ ئاتىغىن؛ [4] چۈنكى بالا «دادا، ئاپا» دەپ چاقىرىشنى
بىلگۈچە، دەمەشق بايلىقلىرى ۋە سامارىيەدىكى ئولجا ئاسۇرىيە
پادىشاھى تەرىپىدىن بۇلاپ ئېلىپ كېتىلىدۇ» ــ دېدى.
[5] پەرۋەردىگار يەنە ماڭا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ

---

**1:8 «ماخار-شالال-خاش-باز»** ــ «ئولجىغا ئالدىرا! ئوۋغا چاپسان بول!» دېگەن مەنىدە. سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، 3- ھەم 4-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**2:8 «كاھىن بولغان ئۇرىيا»** ــ «كاھىن» دېگەن، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا پۇقرالار ئۈچۈن مەخسۇس قۇربانلىقنى كۆيدۈرگۈچى كىشى. **«كاھىن بولغان ئۇرىيا ۋە يەرەبەقىيانىڭ ئوغلى زەكەرىيا»** ــ ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇرىيا دېگەن كىشى كېيىن يەشايا پەيغەمبەرگە قارشى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن («2پاد.» 10:16-16نى كۆرۈڭ). شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار تېخىمۇ «ئىشەنچلىك گۇۋاھلىق» سۈپىتىدە بولۇشى كېرەك ئىدى.

**3:8 «.. مەن ئايال پەيغەمبەر بىلەن بىللە ياتتىم»** ــ «ئايال پەيغەمبەر» يەشايانىڭ ئايالىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق نېمىشقا «ئايال پەيغەمبەر» دەپ ئاتىلىدۇ؟ ياكى ئۇ ئۆزى پەيغەمبەر بولدى ۋە ياكى ئۇنىڭ مۇشۇ ئوغلىنى تۇغقانلىقىنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بولدى.

6 «مۇشۇ خەلق شىلوئاھ ئۆستىڭىدىكى لەرزان ئېقىۋاتقان سۇلارنى رەت قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئورنىدا رەزىن ۋە رەمالىيانىڭ ئوغلىدىن خۇرسەن بولغاچقا،
7 شۇڭا مانا، رەب ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دولقۇنلاپ ئاقىدىغان، ئەلۋەك ئەفرات دەرياسىنىڭ سۇلىرىنى، ــ يەنى ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىنى تولۇق ھەيۋە-شۆھرىتى بىلەن ئېلىپ كېلىدۇ؛
ئۇ دەريادەك بارلىق ئېرىق-ئۆستەڭلىرىدىن تېشىپ كېتىدۇ،
ھەممە قىرغاقلىرىنى بۆسۈپ تاشلايدۇ؛
8 ئۇ تاكى يەھۇداغىچە شىددەت بىلەن تېشىپ، ھەتتا بوينىغىچە كېلىدۇ؛
ئۇ قاناتلىرىنى يايغاندا پۈتكۈل زېمىنىڭغا سايە بولۇپ چۈشىدۇ، ئى ئىممانۇئىل!

---

**8:8 «...ئۇ قاناتلىرىنى يايغاندا پۈتكۈل زېمىنىڭغا سايە بولۇپ چۈشىدۇ، ئى ئىممانۇئىل!»**
ــ 6-8-ئايەت توغرۇلۇق چۈشەنچىمىز مۇنداق: يەھۇدادىكىلەر ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىدىن قورقىلى تۇردى. «شىلوئاھ» بولسا، يېرۇسالېمدىن ئۆتىدىغان لەرزان سۈپسۈزۈك بىر ئۆستەڭ ئىدى. خۇدا بۇ ئۆستەڭنى ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئىسرائىلغا بەرمەكچى بولغان ئامان-تىنچلىقىغا ئوخشىتىدۇ. ئەفرات دەرياسى بولسا، ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىدىكى چوڭ دەريادۇر. شىلوئاھ ئۆستىڭىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە، بىراق مۇشۇ لەرزان ئاقىدىغان ئۆستەڭ خۇدانىڭ ھىمايىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى بولسا ھەيۋەتلىك نەرسىگە ئۈمىد باغلاشقا مايىلدۇر؛ يەھۇدا خەلقى بولسا ئىشەنچىنى خۇدانىڭ ھىمايىسىگە باغلىغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار: «سۇرىيە بىلەن (شىمالىي) ئىسرائىلنىڭ ئىتتىپاقىنى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە بىر توسالغۇ» دەپ خاتىرجەم ۋە خۇشال ئىدى. خۇدا ئۇلارنىڭ ئىمان-ئىشەنچىنى خاتا قويغانلىقىنى ئۇلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئاسۇرىيە پادىشاھى سىلەرگە «بوينۇڭلارغا يەتكۈچە» تاجاۋۇز قىلىدۇ، دەيدۇ.
—«بويۇنغا يەتكۈچە» ــ ئاسۇرىيە پادىشاھى كەلگەندە، يەھۇدانىڭ ھەممە يەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، 46 شەھەرنى قولىغا ئالدى؛ پەقەت پايتەختى يېرۇسالېم شەھىرىنى ئىگىلىيەلمەي، ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئاخىردا ئۇ خۇدانىڭ بىۋاستە جازاسىغا ئۇچراپ ئاسۇرىيەگە قايتتى (37-36 بابنى كۆرۈڭ).
—10-ئايەت بويىچە، ئىسرائىلنىڭ زېمىنى بولسا «ئىممانۇئىل»نىڭ زېمىنىدۇر؛ دېمەك، «ئىممانۇئىل» ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى، خوجايىنىدۇر.

[9] ــ غەزەپلىنىۋېرىڭلار، ئى ئەللەر، بىراق سۇندۇرۇلىسىلەر!
جاھاننىڭ بارلىق چەت جايلىرى قۇلاق سېلىڭلار!
جەڭ ئۈچۈن بېلىڭلارنى باغلاۋېرىڭلار، سۇندۇرۇلىسىلەر!
جەڭ ئۈچۈن بېلىڭلارنى باغلاۋېرىڭلار، سۇندۇرۇلىسىلەر!
[10] پىلانىڭلارنى تۈزۈۋېرىڭلار، ئۇ بىكارغا كېتىدۇ؛
مەسلىھەتىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، ئۇمۇ ئاقمايدۇ؛
سەۋەبى ــ ئىممانۇئېل!».

## خۇدانىڭ يەشاياغا يوليورۇق بېرىشى

[11] چۈنكى پەرۋەردىگار كۈچلۈك قولىنى ماڭا تەگكۈزۈپ،
مېنىڭ بۇ خەلقنىڭ يولىدا ماڭماسلىقىمغا يوليورۇق بېرىپ، مۇنداق
سۆز قىلدى: ــ
[12] «مۇشۇ كىشىلەر كۆپ ئىشلاردا «سۇيىقەست بار» دېسە، سىلەر
بولساڭلار «سۇيىقەست بار» دەپ يۈرمەڭلار؛
ئۇلارنىڭ قورققىنىدىن سىلەر قورقماڭلار،
ياكى ھېچ ۋەھىمىگە چۈشمەڭلار؛
[13] پەقەت ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىلا
ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ بىلىڭلار؛

---

9:8 **«غەزەپلىنىۋېرىڭلار، ئى ئەللەر...!»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «جەم بولۇپ ھۇجۇم قىلىڭلار، ئى ئەللەر...!».

ــمۇشۇ ئايەتكە قارىغاندا، بېشارەت مۇشۇ يەردە پەقەت ئاسۇرىيەنىڭ ھۇجۇمىنى ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى زاماندا جىمى خەلق-مىللەتنىڭ ئىسرائىلغا قىلىدىغان ھۇجۇمىنى كۆرسىتىدۇ.

10:8 **«مەسلىھەتىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بىر سۆز قىلىشىڭلار».

**«سەۋەبى ــ ئىممانۇئېل!»** ــ ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، «ئىممانۇئېل» پاك قىزدىن تۇغۇلغان (7-بابتىكى) بېشارەتلىك بالا، ئىسمى «خۇدا بىز بىلەن بىللە» دېگەن مەنىدە.

12:8 **«مۇشۇ كىشىلەر كۆپ ئىشلاردا «سۇيىقەست بار» دېسە...»** ــ مۇشۇ يەردە «سۇيىقەست»نىڭ مەنىسى (بىزنىڭ قارىشىمىزچە): ــ خەلق ھەرخىل پىتنە-ئىغۋالارغا قۇلاق سېلىپ: «ئەتراپىمىزدىكى باشقا دۆلەتلەر ياكى ئۆز ئىچىمىزدىكى خائىنلار سۇيىقەست قىلىۋاتىدۇ» دەپ قورقۇپ يۈرەتتى؛ مۇشۇ گەپلەرگە يەشايا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئىخلاسمەن يەھۇدىيلار ھېچ قۇلاق سالماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئۇ سىلەرنىڭ قورقىدىغىنىڭلار بولسۇن،
سىلەرنىڭ ۋەھىمەڭلار بولسۇن!
14 ئۇ بىر مۇقەددەس پاناھگاھ بولىدۇ،
ھەمدە ئىسرائىلدىكى ئىككى جەمەت ئۈچۈن پۇتلىكاشاڭ تاش،
ئادەمنى يىقىتىدىغان قورام تاش،
يېرۇسالېمدىكىلەر ئۈچۈنمۇ قىلتاق ۋە تاپانتۇزاق بولىدۇ؛
15 ئۇلاردىن كۆپلەر ئۇنىڭغا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ، يانجىلىپ، قىلتاققا
چۈشۈپ، ئەسىرگە ئېلىنىدۇ».

## يەشايانىڭ ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە گەپ قىلىشى

16 ــ «بۇ گۇۋاھنامىنى يۆگەپ، تەۋرات قانۇنىنى مېنىڭ مۇخلىسلىرىم
ئارىسىدا پېچەتلەپ قويغىن.

---

13:8 **«پەقەت... پەرۋەردىگارنىلا ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ بىلىڭلار»** ــ ياكى «پەقەت... پەرۋەردىگارنىلا مۇقەددەس دەپ بىلىڭلار».

14:8 **«ئۇ بىر مۇقەددەس پاناھگاھ بولىدۇ»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۇ» بەلكىم «ئىممانۇئېل»نى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ «مۇقەددەس پاناھگاھ» ياكى «مۇقەددەس ئىبادەتگاھ»غا ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭ خۇداغا يېقىنلىشىش يولىنى تەمىنلەپ بېرىدۇ. **«ئادەمنى يىقىتىدىغان قورام تاش»** ــ بۇ ئىبارىنىڭ يەنە بىر مەنىسى «(ئادەملەر) يامان كۆرىدىغان قورام تاش».

**14:8** يەش. 16:28؛ لۇقا 34:2؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 7:2

**15:8** مات. 44:21؛ لۇقا 18:20

16:8 **«بۇ گۇۋاھنامىنى يۆگەپ... قويغىن»** ــ خۇدا مۇشۇ يەردە يەشايا ئارقىلىق ئۆزىگە ئەگەشكەن مۇخلىسلىرىغا يوليورۇق بېرىدۇ. يەشايا يازغان ھەم سۆزلىگەن گۇۋاھلىقلارنى، مۇساغا بېرىلگەن قانۇن ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن تەۋراتتىكى قىسىملارنى بىللە قوشۇپ، بىخەتەر ساقلاپ قويۇش كېرەك، دېگەن مەنىدە. شۇنداق قىلغاندا، بىرىنچىدىن، ھەرقانداق قالايمىقان ۋەزىيەتلەر ئاستىدا، ئۇلار مۇشۇ كىتابلار ئارقىلىق نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەلەيدۇ.
—ئىككىنچىدىن، ئۇلار يەشايا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن بېشارەتلەرنى پېچەتلىگەن بولسا، ئۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن، گۇۋاھلىقلار ئالدىنئالا ئېيتقان نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگەندە، ئىسرائىل خەلقى مۇشۇ گۇۋاھلىقلار (بېشارەتلەر)نى توپ-توغرا ئىكەن، دەپ بىلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇلاردا ھېچقانداق ئويدۇرمىلىق يوق، يەشايا ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەن، دەپمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

[17] مەن بولسام، يەرنى ياقۇپ جەمەتىدىن يوشۇرۇۋاتقان پەرۋەردىگارنى
كۈتىمەن؛
ۋە مەن ئۇنى تەلمۈرۈپ ساقلايمەن.
[18] قاراڭلار، ماڭا ۋە پەرۋەردىگار ماڭا بەرگەن بالىلارغا،
بىز زىئون تېغىنى ئۆز ماكانى قىلغان ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئىسرائىلدا نامايان قىلغان بېشارەت ۋە
كارامەتلەرنىڭ سىمۋولىدۇرمىز».
[19] — باشقىلار سىلەرگە: — «بىز ۋىچىر-ۋىچىر، گۇدۇڭ-گۇدۇڭ
قىلىدىغان «ئەرۋاھلارنى چاقىرغۇچى»لار ۋە داخانلاردىن يول
سورايلى» — دېسە، سىلەر جاۋاب بېرىپ: — «بىر خەلقنىڭ ئۆز
خۇداسىنى ئىزدەپ يول سورىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ تىرىكلەرنىڭ
ئۆلۈكلەردىن يول سورىشى توغرىمۇ؟!» — دەڭلار.
[20] — تەۋرات قانۇنى ۋە گۇۋاھنامە ئاساس قىلىنسۇن! مۇشۇلارنى
ئاساس قىلىپ سۆز قىلمىسا، ئۇلارغا تاڭ نۇرى چۈشمەيدۇ!
[21] ئەكسىچە، ئۇلار قىسىلغان، ئاچ ھالدا زېمىننى كېزىپ يۈرىشىدۇ؛
ئاچ قالغان چاغدا، ئۇلار غەزەپلىنىپ ئاسمانغا قاراپ، پادىشاھىنى
ھەم خۇداسىنى قارغاپ تىللايدۇ؛ [22] ئۇلار يەرگە قارىسا، مانا، جاپا-
مۇشەققەت، قاراڭغۇ-زۇلمەت، ھەسرەت-نادامەت ۋە پاراكەندىچىلىك
تۇرىدۇ؛

---

**17:8 «ئۆز يۈزىنى ئىسرائىل جەمەتىدىن يوشۇرىدىغان پەرۋەردىگار»** — خۇدا ئۆز خەلقى بولغان ئىسرائىلغا، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ھېچ مۆجىزىنى كۆرسەتمەي، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن قوغدىمايدۇ. ھالبۇكى، يەشايا ۋە ئۇنىڭ گېپىگە كىرگەن خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۈمىدسىزلەنمەي، يەشاياغا ئوخشاش «پەرۋەردىگارغا تەلمۈرۈپ ئۇنى ساقلىماقتا» ئىدى.
**18:8 «قاراڭلار، ماڭا ۋە پەرۋەردىگار ماڭا بەرگەن بالىلارغا، بىز ... نامايان قىلغان بېشارەت ۋە كارامەتلەرنىڭ سىمۋولىدۇرمىز»** — مۇشۇ سۆزلەرنى قىلغۇچى بولسا يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى؛ بىراق «ئىممانۇئېل»مۇ ئۇ ئارقىلىق بېشارەتلىك سۆز قىلىۋاتىدۇ («ئىبر.» 13:2نى كۆرۈڭ).
**18:8** ئىبر. 13:2
**19:8** قان. 11:18
**20:8** يەش. 16:8

ئۇلار قاپ-قاراڭغۇلۇققا ھەيدىۋېتىلىدۇ.

## ھەممە مەسلىنى ھەل قىلغۇچى بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇشى - خۇش خەۋەر

9 [1] بىراق، ھەسرەت-نادامەتكە قالغانلارغا زۇلمەت بولۇۋەرمەيدۇ؛
ئۇ ئۆتكەن زامانلاردا زەبۇلۇن زېمىنىنى ۋە نافتالى زېمىنىنى خار قىلدۇرغان؛
بىراق كەلگۈسىدە ئۇ مۇشۇ يەرنى، يەنى «يات ئەللەرنىڭ ماكانى» گالىلىيەگە، جۈملىدىن «دېڭىز يولى» بويىدىكى جايلار ۋە ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشى قىرغاقلىرىغا شان-شۆھرەت كەلتۈرىدۇ؛
[2] قاراڭغۇلۇقتا مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەر زور بىر نۇرنى كۆردى؛
ئۆلۈم سايىسىنىڭ يۇرتىدا تۇرغۇچىلارغا بولسا،

---

22:8 **«ئۇلار يەرگە قارىسا، مانا، جاپا-مۇشەققەت ... ۋە پاراكەندىچىلىك تۇرىدۇ»** — ئىسرائىللار ئاسماندىكى ياردەمنى رەت قىلغاندىن كېيىن، يەر-يۈزىدىن ھېچ ئۈمىد بولمايلا قالماي، ھەممىسى زۇلمەت بولىدۇ.

**22:8** يەش. 30:5

**1:9 «ھەسرەت-نادامەتكە قالغان»** — مۇشۇ ئىبارە، ئىبرانىي تىلىدا «ئايالچە رود»تىكى ئىسىم بولۇپ، ماتەم تۇتۇۋاتقان ئايالغا تەسەللى بەرگەندەك خۇدا نافتالىلار ۋە زەبۇلۇنلارغا تەسەللى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. **««يات ئەللەرنىڭ ماكانى» گالىلىيە»** — ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، نافتالى، زەبۇلۇن ۋە باشقا ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسىملىرى ئەسىرگە چۈشۈپ ئېلىپ كېتىلدى. بىر قىسىم كەمبەغەل، نامرات، قابىلىيەتسىز كىشىلەر قالدۇرۇلدى. ئاسۇرىيە پادىشاھى باشقا مىللەت-خەلقلەرنى ئېلىپ كېلىپ شۇ يەرگە، بولۇپمۇ گالىلىيەگە ئولتۇراقلاشتۇردى. مۇشۇ كىشىلەر قېپقالغان نامرات ئىسرائىللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئۆز-ئارا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغاچقا، گالىلىيە يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ««يات ئەللەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر)نىڭ ماكانى گالىلىيە» دەپ كەمسىتىلىپ ئاتالغان.
—بېشارەتكە ئاساسەن، نۇر دەل شۇ يەردە پەيدا بولىدۇ. بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى ئىنجىل «مات.» 15:4-ئايەتتىن كۆرۈڭ. **«دېڭىز يولى»** — «گالىلىيە دېڭىزى»نىڭ غەربىي يەرلىرى.

**1:9** مات. 15:4

**دەل ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نۇر پارلىدى.**
**3 ــ سەن ئەلنى ئاۋۇتتۇڭ،**
**ئۇلارنىڭ شادلىقىنى زىيادە قىلدىڭ؛**
**خەلقلەر ھوسۇل ۋاقتىدا شادلانغاندەك،**
**جەڭ ئولجىسىنى ئۈلەشتۈرگەن ۋاقىتتا خۇشاللىقتا چۆمگەندەك،**
**ئۇلار ئالدىڭدا شادلىنىپ كېتىدۇ.**
**4 چۈنكى مىدىيانىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان كۈنگە ئوخشاش،**
**سەن ئۇنىڭغا سېلىنغان بويۇنتۇرۇقنى،**
**مۈرىسىگە چۈشكەن ئەپكەشنى،**
**ئۇلارنى ئەزگۈچىنىڭ تايىقىنى سۇندۇرۇپ تاشلىۋەتتىڭ.**
**5 چۈنكى لەشكەرلەرنىڭ ئۇرۇشتا كىيگەن ھەربىر ئۆتۈكلىرى،**
**قانغا مىلەنگەن ھەربىر تونلىرى بولسا پەقەتلا ئوت ئۈچۈن يېقىلغۇ**

---

2:9 **«قاراڭغۇلۇقتا مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەر زور بىر نۇرنى كۆردى... دەل ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نۇر پارلىدى»** ــ مۇشۇ ئايەتلەردىكى «نۇر» شۈبھىسىزكى، مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىدۇر (6-7-ئايەتنى كۆرۈڭ). بىز مۇشۇ بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئىنجىلدىن كۆرىمىز. مەسىھ ئەيسا دەل 1-ئايەتتىكى تۆت جايدا ئۇلۇغ خىزمىتىنى، يەنى خۇش خەۋەرنى تارقىتىش، مۆجىزىلەرنى يارىتىشنى باشلىدى. ئۇ خىزمەت قىلغان ئۈچ يېرىم يىل ۋاقىتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بەلكىم مۇشۇ جايلاردا ئۆتكۈزگەن.
—بۇ بېشارەتتىكى پېئىللارنىڭ ھەممىسى «ئۆتكەن زامان» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل شەكىلدىكى بېشارەت «يەشايا»دا كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۇ كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىڭ جەزمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
**2:9** مات. 4:16،15؛ ئەف. 14:5
3:9 **«سەن ئەلنى ئاۋۇتتۇڭ، ئۇلارنىڭ شادلىقىنى زىيادە قىلدىڭ...»** ــ مۇشۇ يەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدىكى كۆپ باشقا بېشارەتلەرگە ئوخشاش، كەلگۈسىدىكى، تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلار ئۆتۈپ بولغان ئىشلاردەك تىلغا ئېلىنىدۇ.
4:9 **«مىدىيان ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان كۈن»** ــ تەخمىنەن 500 يىل ئىلگىرى ئىسرائىل مىدىيانىيلارنىڭ ئاسارىتىدىن خۇدانىڭ كارامەتلىرى بىلەن قۇتۇلغان.
**4:9** ھاك. 22:7؛ يەش. 26:10

**بولىدۇ.**
**6 چۈنكى بىز ئۈچۈن بىر بالا تۇغۇلدى؛**
**بىزگە بىر ئوغۇل ئاتا قىلىندى؛**
**ھۆكۈمرانلىق بولسا ئۇنىڭ زىممىسىگە قويۇلىدۇ؛**
**ئۇنىڭ نامى: ــ «كارامەت مەسلىھەتچى، قۇدرەتلىك تەڭرى، مەڭگۈلۈك ئاتا، ئامان-خاتىرجەملىك ئىگىسى شاھزادە» دەپ ئاتىلىدۇ.**
**7 ئۇ داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرغاندا ۋە پادىشاھلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا،**
**شۇ چاغدىن باشلاپ تا ئەبەدىلئەبەدگىچە،**
**ئۇنى ئادالەت ھەم ھەققانىيلىق بىلەن تىكلەيدۇ، شۇنداقلا مەزمۇت ساقلايدۇ،**
**ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ھۆكۈمرانلىق ۋە ئامان-خاتىرجەملىكنىڭ ئېشىشى پۈتمەس-تۈگىمەس بولىدۇ.**
**ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئوتلۇق**

---

5:9 **«چۈنكى لەشكەرلەرنىڭ ئۇرۇشتا كىيگەن ھەربىر ئۆتۈكلىرى... پەقەتلا ئوت ئۈچۈن يېقىلغۇ بولىدۇ»** ــ خۇدا ئۇلارغا شۇنداق بەرىكەتلەرنى بېرىدۇكى، مۇشۇ غەلىبە بولغاندىن كېيىن (ئۇلار ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار ئۇلار ئۈچۈن قىلغان غەلىبە) ئۇلار شۇ لەشكەرلەرنىڭ قانغا مىلەنگەن كىيىم-كېچەكلىرى كېرەك بولمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت يېقىلغۇ ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.
6:9 **«بىز ئۈچۈن بىر بالا تۇغۇلدى؛ بىزگە بىر ئوغۇل ئاتا قىلىندى»** ــ بۇ بېشارەت گەرچە كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى پېئىللارنىڭ ھەممىسى «ئۆتكەن زامان» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىقى 2-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«ئامان-خاتىرجەملىك ئىگىسى شاھزادە»** ــ ياكى «ئامان-خاتىرجەملىك بەرگۈچى شاھزادە».
**6:9** يەش. 2:11؛ 22:22؛ لۇقا 2:11،10؛ يۇھ. 10:4

مۇھەببەتتى مۇشۇلارنى ئادا قىلىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلغا،
## يەنى «شىمالىي پادىشاھلىق»قا بولغان غەزىپى

8 رەب ياقۇپ جەمەتىگە بىر سۆز ئەۋەتتى،
ئۇ پات ئارىدا ئىسرائىلغا چۈشىدۇ،
9 بارلىق خەلق، يەنى ئەفرائىم ۋە سامارىيەدىكىلەر شۇ سۆزنىڭ

**7:9 «ئۇ داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرغاندا ۋە پادىشاھلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا... ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ھۆكۈمرانلىق ۋە ئامان-خاتىرجەملىكنىڭ ئېشىشى پۈتمەس-تۈگىمەس بولىدۇ...»** ــ مۇشۇ ئىككى ئايەت (6-7-ئايەت) يۇقىرىقى «ئىممانۇئېل»نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ توغرىسىدىكى خەۋەرنى تەكرارلىساق: ــ

ــ(ئا) ئۇ ئىسرائىل ئۈچۈن قۇتقۇزغۇچىدۇر. بۇ بابتىكى 1-6-ئايەتتىكى غەلىبە ۋە بەخت بۇ بالا سەۋەبىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ــ(ئە) ئۇ پاك قىزدىن تۇغۇلىدۇ (7-باب، 14-ئايەت).

ــ(ب) ئۇ بەلكىم كەمبەغەل ۋە دۈشمەننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەھۋالدا تۇغۇلىدۇ (7-باب، 15- ۋە 17-ئايەت).

ــ(پ) ئۇ داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرىدۇ. خۇدا داۋۇتقا ۋەدە بەرگەنكى، ئۇنىڭ بىر ئەۋلادى ئىسرائىلغا ۋە ئاخىردا پۈتكۈل دۇنياغا پادىشاھ بولىدۇ. (زەبۇر، 18-كۈيى، 22-كۈيى، 72-كۈيلەرنى كۆرۈڭ)

ــ(ت) بۇ بالىدا خۇدانىڭ تەبىئىتى بولىدۇ (6-ئايەت). ئۇ «قۇدرەتلىك تەڭرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «كارامەت» دېگەن سۆيەت، پەقەت خۇدا ۋە خۇدانىڭ قىلغانلىرى توغرۇلۇقلا ئىشلىتىلىدۇ.

ــ(ج) بۇ بالا ئاخىردا پۈتۈن ئالەمگە ئامان-خاتىرجەملىكنى يەتكۈزىدۇ. «ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ھۆكۈمرانلىق ۋە ئامان-خاتىرجەملىكنىڭ ئېشىشى پۈتمەس-تۈگىمەس بولىدۇ».

ــبۇلاردىن سىرت مۇشۇ ئايەتلەردە نۇرغۇن ساۋاق-خەۋەرلەر بار، مۇشۇ يەردە سەھىپە چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىرچە توختالمايمىز.

ــبۇ بالىنىڭ كىم ئىكەنلىكى پەقەت ئىنجىلدىكى باياناتلاردىلا ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ پاك قىز مەريەمدىن تۇغۇلغان مەسىھ ئەيسانىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا بىرى بولۇشىنىڭ قەتئىي مۇمكىنچىلىكى يوقتۇر.

**7:9** 2پاد. 31:19؛ يەش. 32:37

**8:9 «رەب ... بىر سۆز ئەۋەتتى، ... ئىسرائىلغا چۈشىدۇ»** ــ «ئىسرائىل» مۇشۇ ئايەتلەردە (8-21ەد) شىمالىي پادىشاھلىقنى كۆرسىتىدۇ. «چۈشىدۇ» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ بىر جازاسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك.

**توغرىلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ: ــ**
**لېكىن كۆڭلىدە تەكەببۇرلىشىپ يوغىنىلىق قىلىپ، ئۇلار: ــ**

**10 ــ «خىشلار چۈشۈپ كەتتى،**
**بىراق ئۇلارنىڭ ئورنىغا يونۇلغان تاشلار بىلەن قايتا ياسايمىز؛**
**ئېرەن دەرەخلىرى كېسىلىپ بولدى،**
**بىراق ئۇلارنىڭ ئورنىدا كېدىر دەرەخلىرىنى ئىشلىتىمىز» ــ دېيىشىدۇ؛**
**11 شۇڭا پەرۋەردىگار رەزىننىڭ كۈشەندىلىرىنى ئىسرائىلغا قارشى كۈچلەندۈردى،**
**ياقۇپنىڭ دۈشمەنلىرىنى قوزغىدى.**
**12 شەرقتىن سۇرىيەلىكلەر، غەربتە فىلىستىيلەر،**
**ئۇلار ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ ئىسرائىلنى يۇتۇۋالىدۇ.**
**ئىشلار شۇنداق دېيىلگەندەك بولسىمۇ،**
**ئۇنىڭ غەزىپى يەنىلا يانمايدۇ،**
**سوزغان قولى يەنىلا قايتۇرۇلماي تۇرىدۇ.**
**13 بىراق خەلق ئۆزلىرىنى ئۇرغۇچىنىڭ يېنىغا تېخى يېنىپ كەلمىدى،**
**ئۇلار ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنى**

---

**10:9 «خىشلار چۈشۈپ كەتتى، بىراق ئۇلارنىڭ ئورنىغا يونۇلغان تاشلار بىلەن قايتا ياسايمىز...»** ــ دېمەك، «پەرۋەردىگارنىڭ تەربىيە جازاسى بولغان زىيانىنى تارتقان بولساقمۇ، بىز يەنىلا ئۇنىڭ تەربىيە جازاسىغا پىسەنت قىلماي، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشنى بەرپا قىلىمىز» (تاشلار خىشلاردىن، كېدىر ئېرەن دەرەخلىرىدىن ياخشى، ئەلۋەتتە). يەروبوئام II پادىشاھ بولغان ۋاقىتدا، خۇدا (شىمالىي) ئىسرائىلدا چوڭ بىر يەر تەۋرەشنى پەيدا قىلغان؛ «خىشلار چۈشۈپ كەتتى،... ئېرەن دەرەخلىرى كېسىلىپ بولدى،...» دېگەن سۆزلەر بەلكىم شۇ يەر تەۋرەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**11:9 «پەرۋەردىگار رەزىننىڭ كۈشەندىلىرىنى ئىسرائىلغا قارشى كۈچلەندۈردى...»** ــ 7-بابتىكى مەزمۇنغا قارىغاندا، سۇرىيەنىڭ پادىشاھى رەزىن ئىسرائىل بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى. مۇشۇ سۆزگە قارىغاندا ئۇنىڭ ئىسرائىل بىلەن ئىتتىپاقى كېيىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئىسرائىلغا قارشى چىقىشى بىلەن ئۇمۇ ئىسرائىلغا قارشى قوزغىلىدۇ.

**12:9** يەش. 25:5؛ 4:10

ئىزدىمەيۋاتىدۇ.
[14] شۇڭا پەرۋەردىگار بىر كۈن ئىچىدە ئىسرائىلنىڭ بېشى ۋە قۇيرۇقىنى،
پالما شېخى ۋە قومۇشىنى كېسىپ تاشلايدۇ؛
[15] مويسىپىت ۋە مۆھتەرەملەر بولسا باشتۇر؛
يالغانچىلىق ئۆگىتىدىغان پەيغەمبەر ــ قۇيرۇقتۇر.
[16] چۈنكى مۇشۇ خەلقنىڭ يېتەكچىلىرى ئۇلارنى ئازدۇرىدۇ،
يېتەكلەنگۈچىلەر بولسا يۇتۇۋېلىنىپ يوقىلىدۇ.
[17] شۇڭا رەب ئۇلارنىڭ يىگىتلىرىدىن خۇرسەنلىك تاپمايدۇ،
يېتىم-يېسىرلىرى ۋە تۇل خوتۇنلىرىغا رەھىم قىلمايدۇ؛
چۈنكى ھەربىرى ئىپلاس ۋە رەزىللىك قىلغۇچى،
ھەممە ئېغىزدىن چىققىنى پاسىقلىقتۇر.
ھەممىسى شۇنداق بولسىمۇ،
ئۇنىڭ غەزىپى يەنىلا يانمايدۇ،
سوزغان قولى يەنىلا قايتۇرۇلماي تۇرىدۇ.
[18] چۈنكى رەزىللىك ئوتتەك كۆيىدۇ،
ئۇ جىغان ۋە تىكەنلەرنى يۇتۇۋالىدۇ؛
ئۇ ئورمانىنىڭ باراقسان جايلىرى ئارىسىدا تۇتىشىدۇ،
ئۇلار ئىس-تۈتەكلىك تۈۋرۈك بولۇپ پۇرقىراپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ؛
[19] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ دەرغەزىپى
بىلەن زېمىن كۆيدۈرۈپ تاشلىنىدۇ،
خەلق بولسا ئوتنىڭ يېقىلغۇسى بولىدۇ، خالاس؛
ھېچكىم ئۆز قېرىندىشىنى ئاياپ رەھىم قىلمايدۇ.
[20] بىرسى ئوڭ تەرەپتە گۆش كېسىپ يەپ، تويمايدۇ،

**17:9** يەش. 6:10

**18:9** يەش. 24:5؛ 6:24

19:9 **«...ھېچكىم ئۆز قېرىندىشىنى ئاياپ رەھىم قىلمايدۇ»** ــ يەروبوئام II ئىسرائىلغا پادىشاھ بولغاندىن كېيىنكى 28 يىل ئىچىدە، كۆپ كىشىلەر تەختنى تالىشىپ ئۇرۇشتى. جەمئىي 6 پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغان، ئىچكى ئۇرۇش-جېدەللەر كۆپ بولغانىدى.

سول تەرەپتىن يالماپ يەپمۇ، قانائەتلەنمەيدۇ؛
ھەركىم ئۆز بىلىكىنى يەيدۇ؛
[21] مەناسسەھ ئەفرائىمنى، ئەفرائىم بولسا مەناسسەھنى يەيدۇ؛
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىسىمۇ يەھۇداغا قارشى تۇرىدۇ.
ھەممىسى شۇنداق بولسىمۇ،
ئۇنىڭ غەزىپى يەنىلا يانمايدۇ،
سوزغان قولى يەنىلا قايتۇرۇلماي تۇرىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ يەھۇداغا بولغان غەزىپى

10 [1] قەبىھلىك قانۇنلىرىنى تۈزگۈچىلەرگە،
ئازابلىق پەرمان-ھۆكۈملەرنى يازغۇچىلارغا ۋاي!
[2] تۇل خوتۇنلارنى ئولجىمىز قىلايلى،
يېتىم-يېسىرلارنى بۇلاپ-تالايلى دەپ،
ئۇلار مىسكىنلەرگە ئادالەتنى بەرمەي،
خەلقىمدىكى ئاجىز-بىچارىلەردىن ھوقۇقنى بۇلاپ كېتىدۇ.
[3] ھېساب ئالىدىغان كۈندە،
يەنى يىراقتىن كەلگەن تۇيۇقسىز بالايىئاپەت كۈندە،
نېمە قىلىسىلەر؟
كىمدىن باشپاناھلىق ئىزدەپ يۈرىسىلەر؟
بايلىق-شۆھرىتىڭلارنى نەگە ئامانەت قويىسىلەر؟
[4] ئۇلارغا ئەسىرلەر ئارىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتىن،

---

21:9 **«مەناسسەھ ئەفرائىمنى، ئەفرائىم بولسا مەناسسەھنى يەيدۇ...»** — ئەفرائىم ۋە ماناسسەھ بولسا ئىسرائىل پادىشاھلىقىدىكى ئىككى ئەڭ چوڭ قەبىلە. يۇقىرىقى ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگىنىدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش-جېدەللەر كۆپ ئىدى. ئۇنداق ئىشلار يەشايا دېگىنىدەك، «ئۆز بىلىكىنى ئۆزى يەيدىغان» ئىشتۇر.

3:10 **«ھېساب ئالىدىغان كۈنى»** — سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىنسا، «خۇدا يوقلاپ كېلىدىغان كۈنى» دېگەنلىك بولىدۇ.

**ياكى ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدا يىقىلىشتىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى!**
**ھەممىسى شۇنداق بولسىمۇ،**
**ئۇنىڭ غەزىپى يەنىلا يانمايدۇ،**
**سوزغان قولى يەنىلا قايتۇرۇلماي تۇرىدۇ.**

## پەرۋەردىگارنىڭ ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخىرىبقا قارىتا بىر سۆزى

5 **قولىغا غەزىپىمنىڭ توقمىقى تۇتقۇزۇلغان،**
**ئۆزۈمنىڭ دەرغەزىپىمنىڭ تايىقى بولغان ئاسۇرىيەلىككە ۋاي!**
6 **مەن ئۇنى خۇداسىز بىر «يات ئەل»گە،**
**دەرغەزىپىم قارىتىلغان خەلقىمگە زەربە بېرىشكە ئەۋەتىمەن؛**
**ئۇنىڭغا ئولجا تۇتۇۋېلىشقا،**
**غەنىيمەتنى بۇلاشقا،**
**خەلقىمنى كوچىلاردىكى لاي-پاتقاقلارنى دەسسىگەندەك دەسسەشكە بۇيرۇيمەن.**
7 **بىراق ئاسۇرىيەلىكنىڭ كۆزدە تۇتقىنى مۇشۇ ئەمەس،**
**ئۇ شۇنداق ھېچ ئويلىغان ئەمەس.**
**ئۇنىڭ ئويلىغىنى ۋەيران قىلىش،**

---

5:10 **«قولىغا غەزىپىمنىڭ توقمىقى تۇتقۇزۇلغان،...»** — ئىبرانىي تىلىدا «(ئۇلارنىڭ) قولىدىكى توقماق مېنىڭ غەزىپىم بولغان،...».

**5:10** يەش. 1:36؛ يەر. 9:25؛ ئەز. 14:21

6:10 **«ئۇنىڭغا ئولجا تۇتۇۋېلىشقا، غەنىيمەتنى بۇلاشقا...بۇيرۇيمەن»** — يەشايانىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى (ماھار-شالال-خاش-باز)نىڭ مەنىسىنى مۇشۇ ئايەتتىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ: «ئولجىغا ئالدىرا! غەنىيمەتكە چاپسان بول!». بۇ سۆزلەر يەنە 2-ئايەتتە تېپىلىدۇ؛ خۇدا يەھۇدادىكىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخىرىب ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرىدۇ

**كۆپ دۆلەتلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەتتۇر.**
**8ئۇ: ــ «مېنىڭ سەردارلىرىمنىڭمۇ ھەممىسى پادىشاھلارغا باراۋەر ئەمەسمۇ؟**
**9كالنو شەھىرى كاركېمىش شەھىرىگە،**
**خامات شەھىرى ئارپاد شەھىرىگە،**
**سامارىيە شەھىرى دەمەشق شەھىرىگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟**
**10مەبۇدلىرى سامارىيەنىڭ ۋە يېرۇسالېمنىڭكىدىن ئۇلۇغ بولغىنى بىلەن،**
**مېنىڭ قولۇم مۇشۇ مەبۇدقا تەۋە بولغان پادىشاھلىقلارغا ئىگە بولۇشقا يەتكۈدەك تۇرسا،**
**11سامارىيە ۋە ئۇنىڭ مەبۇدلىرىنى قانداق قىلغان بولسام، يېرۇسالېم ۋە ئۇنىڭ مەبۇدلىرىنى ئوخشاشلا شۇنداق قىلمامدىمەن؟» ــ دەيدۇ.**
**12ىبراق رەب زىئون تېغى ۋە يېرۇسالېمدا پۈتكۈل جازا ئىشىنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ: ــ**

---

7:10 **«ىبراق ئاسۇرىيەلىكنىڭ كۆزدە تۇتقىنى مۇشۇ ئەمەس، ئۇ شۇنداق ھېچ ئويلىغان ئەمەس...»** ــ دېمەك، خۇدانىڭ مەقستى ئاسۇرىيە پادىشاھى ئارقىلىق ئىسرائىل ۋە يەھۇدانى جازالاش ئىدى. ىبراق ئاسۇرىيە پادىشاھى مۇشۇ ئىشتىن ھېچ خەۋەرسىز بولۇپ، پەقەت ئۆز شەخسىي مەنپەئەت-ھوقۇقلىرىنى، بايلىق-شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش كويىدا ئىدى. مۇشۇ ئايەت بىزگە، ھەممىگە قادىر ھەتتا رەھىمسىز ۋە خۇداسىز شەخسلەر، ئەللەر ۋە ئىمپېرىيەلەر ئارقىلىقمۇ ئۆز مەقسەت-مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، دەپ ئۆگىتىدۇ.

8:10 **«مېنىڭ سەردارلىرىمنىڭمۇ ھەممىسى پادىشاھلارغا باراۋەر ئەمەسمۇ؟»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مېنىڭ سەردارلىرىمنىڭمۇ ھەممىسى ئاۋۋال پادىشاھلار بولغان ئەمەسمۇ؟»

9:10 **«كالنو شەھىرى كاركېمىش شەھىرىگە، خامات شەھىرى ئارپاد شەھىرىگە، سامارىيە شەھىرى دەمەشق شەھىرىگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟»** ــ دېمەك، مەن كالنو، خامات ۋە دەمەشقنى ئاسانلا قولغا كەلتۈردۈم. بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاسانلا بويسۇندۇرىمەن. ھەربىر جۈپ شەھەرنىڭ ئىككىنچىسى بىرىنچىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئۇنى ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى كېيىنرەك قولىغا ئالغان.

—كالنو ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 738-يىلى؛ كارشېمىش 717-يىلى؛
—خامات 738-يىلى؛ ئارپاد 740-يىلى؛
—سامارىيە -721-720يىلى؛ دەمەشق 732-يىلى ئېلىنغان.

«مەن ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ كۆڭلىدىكى باشباشتاقلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇنىڭغا چۈشۈرىمەن،
ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى كىبىرلىك نەزەرلىرىنى جازالايمەن» دەيدۇ.
13 چۈنكى ئۇ: ــ «بۇ ئىشلارنى ئۆز قولۇمىنىڭ كۈچى بىلەن،
ئۆز دانالىقىم بىلەن مەن قىلغانمەن؛
چۈنكى مەن ئەقىللىقتۇرمەن؛
مەن ئەللەرنىڭ پاسىللىرىنى يوقاتتىم،
ئۇلارنىڭ خەزىنىلىرىنى بۇلىۋالدىم،
تەختكە ئولتۇرغانلارنى باتۇر كەبى چۈشۈرۈپ تاشلىدىمەن؛
14 مەن قولۇمنى بىر قۇش ئۇۋىسىغا ئۇزاتقاندەك ئەللەرنىڭ بايلىقلىرىغا ئۇزاتتىم،
بىرسى تاشلىۋېتىلگەن تۇخۇملارنى تەرگەندەك مەن پۈتكۈل دۇنيانى يىغقانمەن؛
ئۇلاردىن ھېچبىرىمۇ قاناتلىرىنى پالاقلاتمىدى،
تۇمشۇقىنى ئاچمىدى،
ياكى چۇك-چۇك قىلىپ ئاۋاز چىقارمىدى» ــ دەيدۇ.
15 پالتا ئۆزىنى ئىشلەتكۈچىسىگە لاپ ئاتسا بولامدۇ؟
ھەرە ھەرىدىگۈچىگە پوچىلىق قىلسا بولامدۇ؟
شۇنداق ئىش ئىكەن، خۇددى تاياق ئۆزىنى كۆتۈرگۈچىسىنى ئوينىتالىسا بولىدىغاندەك،
خۇددى ھاسا ياغاچ ئەمەس بولغۇچىنى كۆتۈرگەندەك بولاتتى ئەمەسمۇ؟!
16 شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار شۇ ئاسۇرىيەلىكنىڭ پالۋانلىرى ئارىسىغا ئورۇقلىتىش كېسىلىنى ئەۋەتىدۇ،

15:10 **«ياغاچ ئەمەس بولغۇچى»** ــ ھاسىنى ئىشلەتكەن ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ شان-شەرپىنىڭ ئاستىدا لاۋۇلداپ يالقۇنلايدىغان بىر ئوتنى ياقىدۇ.
[17] «ئىسرائىلنىڭ نۇرى»نىڭ ئۆزى ئوت،
ئۇنىڭدىكى مۇقەددەس بولغۇچى يالقۇن بولىدۇ،
ئۇ بىر كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ جىغانلىرى ۋە تىكەنلىرىنى كۆيدۈرۈپ،
يۇتۇۋالىدۇ.
[18] ھەم ئۇنىڭ ئورمانزارلىق ۋە باغ-ئېتىزلىرىنىڭ شان-شەرپىنى، جان ۋە تېنىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىدۇ؛
ئۇلار بەئەينى جۇدەپ كېتىۋاتقان كېسەل ئادەمدەك بولۇپ قالىدۇ.
[19] بۇنىڭ بىلەن ئورمانزارلىقتىكى دەرەخلەرنىڭ قېپ قالغىنى شۇنچە ئاز بولىدۇكى،
كىچىك بالا ئۇلارنى ساناپ خاتىرىلىيەلەيدۇ.

[20] شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، ئىسرائىلنىڭ قالدى خەلقى، يەنى ياقۇپنىڭ جەمەتىدىن قېچىپ قايتقانلار ئۆزلىرىنى ئۇرغۇچىغا ئىككىنچى تايانمايدۇ؛ بەلكى ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگار، يەنى «ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى»غا تايىنىدۇ.
[21] بەرھەق، بىر «قالدى» قايتىپ كېلىدۇ،
يەنى ياقۇپنىڭ «قالدىسى» قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ يېنىغا قايتىپ

---

**16:10 «ئاسۇرىيەلكنىڭ پالۋانلىرى»** — «پالۋان» ئىبرانىي تىلىدا «سېمىز» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ «سېمىزلارغا ئورۇقلۇق ئەۋەتمەن». بۇ بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى 36-، 37-باپتىن كۆرۈڭ.

**16:10** يەش. 6:24

**19:10 «ئورمانزارلىقتىكى دەرەخلەر»** — بەلكىم ئاسۇرىيەدىكى دەرەخلەرنىمۇ، ئادەملەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**20:10 «ئۆزلىرىنى ئۇرغۇچى»** — بۇ ئاسۇرىيەنى ياكى ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىبنى كۆرسىتىدۇ

**كېلىدۇ.**
**22 ئى ئىسرائىل، خەلقىڭ دېڭىزدىكى قۇمدەك كۆپ بولغىنى بىلەن،**
**پەقەت بىر قالدىسى قايتىدۇ؛**
**چۈنكى ھەققانىيلىق بىلەن يۇرگۈزۈلگەن، بىر ھالاكەتنىڭ تېشىپ**
**ئۇستۇڭلارغا چۈشۈشى بېكىتىلگەندۇر؛**
**23 چۈنكى بىر ھالاكەتنى ــ بېكىتىلگەن بىر ھالاكەتنى ساماۋى**
**قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار پۈتكۈل يەر يۈزىدە ئەمەلگە**
**ئاشۇرىدۇ.**
**24 شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار مۇنداق**
**دەيدۇ: ــ**
**« ــ ئى زىئون تېغىدا تۇرغان خەلقىم،**
**ئاسۇرىيەدىن قورقما!**
**ئۇ سېنى تاياق بىلەن ئۇرىدىغان،**
**ۋە مىسىرلىقلاردەك ساڭا قاراپ ھاسىسىنى كۆتۈرىدىغان بولسىمۇ،**

---

**21:10 «بىر قالدىسى قايتىپ كېلىدۇ»** ــ يەشايانىڭ بىرىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى (شېئار-جاشۇب)دۇر. «قايتىپ كېلىش» ــ شۈبھىسىزكى، ھەم توۋا قىلىش ھەم ئۆز يۇرت-ۋەتىنىگە قايتىشنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ ئايەتلەر ھەم ئىسرائىلدىكى «شىمالىي پادىشاھلىق»نى ھەم ئاخىرقى زاماندىكى ئىسرائىلنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**22:10** يار. 17:22، 12:32؛ يەش. 23:10، 22:28؛ ھوش. 10:1؛ رىم. 9:25-28؛ پەند. 4:11؛ ئەز. 19:7؛ زەف. 1:14-16، 18؛ دان. 9:26-27؛ يەش. 10:22-23؛ يەر. 11:30؛ 28:46؛ ناھ. 9:1

**23:10 «پۈتكۈل يەر يۈزىدە»** ــ ياكى پەلەستىندىكى (قانائاندىكى) زېمىننى ياكى پۈتكۈل يەر يۈزىنى كۆرسىتىدۇ.

**23:10** يەش. 22:28

**24:10 «ۋە مىسىرلىقلاردەك ساڭا قاراپ ھاسىسىنى كۆتۈرىدىغان بولسىمۇ،...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ھاسىسىنى مىسىردىكى تەبىقىدە ساڭا قاراپ كۆتۈرگەندەك بولسىمۇ،...».

—«مىسىرلىقلاردەك... ھاسىسىنى كۆتۈرىدىغان» ــ ئىسرائىلنىڭ مىسىردا بولغان تارىخىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

—«ھاسا كۆتۈرۈش» ــ بەلكىم جەڭ قىلىشنى جاكارلاشتۇر. قەدىمكى زاماندا، ئىسرائىللار مىسىردىن چىققان ۋاقتىدا، مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋن ئۇلارنى ھالاك قىلماقچى بولۇپ، قوشۇنىنى ئەۋەتىپ قوغلىغان. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىردا ئۆزى ھالاك بولغان. ئاسۇرىيەلەر مىسىرلىقلارغا ئوخشاشلا ھالاك بولىدۇ، دېمەك. «مىس.» 1-15 بابلارنى كۆرۈڭ.

25 پەقەت ئازغىنە ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەنلا،
سىلەرگە قاراتقان مۇشۇ دەرغەزىپىم تۈگەپ،
غەزىپىمنى ئۇلارغا ھالاكەت چۈشۈرۈش ئۈچۈن قارىتىمەن.
26 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار بولسا، ئۇلارغا
قامچا بىلەن ھۇجۇم قوزغايدۇ؛
ئۇلارنىڭ ھالى «ئورەبنىڭ قورام تېشى»دا بولغان مىدىيان
قىرغىنچىلىقىدەك ھالەتتە بولىدۇ؛
ئۇ ھاسىسىنى دېڭىزغا قارىتىپ،
ئۇنى مىسىرلىقلارنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرگەندەك كۆتۈرىدۇ؛
27 ئاندىن شۇ كۈندە شۇنداق بولىدۇكى،
ئۇنىڭ يۈكى مۈرەڭدىن،
بويۇنتۇرۇقى بوينۇڭدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ؛
مايلىرىڭ سەۋەبىدىن،
بويۇنتۇرۇق سۇندۇرۇپ يوقىتىلىدۇ.

---

26:10 **«ئۇلارنىڭ ھالى «ئورەبنىڭ قورام تېشى»دا بولغان مىدىيان قىرغىنچىلىقىدەك ھالەتتە بولىدۇ»** — «ھاك.» 7-بابنى كۆرۈڭ. مىدىيانلار ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلىپ، خۇدانىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن مەغلۇپ بولدى. مىدىيانلارنىڭ سەردارى ئورەب قاچقان بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب قاچقىنى بىلەن ئۆز يۇرتىدا ئۆز ئوغۇللىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى (37-بابنى كۆرۈڭ).

—**«ئۇنى مىسىرلىقلارنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرگەندەك كۆتۈرىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ مىسىردىكى تەبىقىدە ھاسىسىنى كۆتۈرىدۇ» (24-ئايەتتىكى ئىبارە ئوخشاشتۇر). لېكىن «ھاسىنى كۆتۈرگۈچى» مۇشۇ يەردە پەرۋەردىگار بولىدۇ؛ ئۇ «ئۇنى (ھاسىسىنى) مىسىرلىقلارنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرگەن»دە، مىسىرلىقلار دېڭىزدا غەرق بولۇپ ھالاك بولدى («مىس.» 14-بابنى كۆرۈڭ.

**26:10** مىس. 14

27:10 **«مايلىرىڭ سەۋەبىدىن»** — ئىسرائىل پادىشاھلىرى «مۇقەددەس ماي» بىلەن، يەنى «مەسىھ قىلىنىشى» بىلەن پادىشاھ قىلىنغان. مۇشۇ «ماي» خۇدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سېنىڭ سەمرەپ كەتكىنىڭ ئۈچۈن، بويۇنتۇرۇق سۇندۇرۇلۇپ يوقىتىلىدۇ».

## يەشايانىڭ ئاسۇرىيەنىڭ جەڭ يۈرۈشىنى ئالدىنئالا ئېيتىپ بايان قىلىشى

[28] مانا، ئۇلار ئاياتقا يېتىپ، مىگروندىن ئۆتكەن،
مىخماشتا يۈك-تاقلىرىنى قويۇپ قويىدۇ؛
[29] ئۇلار بوسۇغا-داۋاندىن ئۆتكەن،
گېبادا قونۇپ قالىدۇ؛
راماھ تىترەپ كېتىدۇ؛
سائۇلنىڭ يۇرتى گىبېئاھدىكىلەر بولسا قېچىپ كەتكەن؛
[30] ئى گاللىمنىڭ قىزى، پەريادىڭنى كۆتۈر!
ھەي لائىش، ئاڭلاپ قوي!
ئى بىچارە ئاناتوت!
[31] مادمەناھ بولسا قاچتى؛
گېبىمدىكىلەر بەدەر قاچتى؛
[32] شۇ كۈن ئۆتمىگۈچە ئۇلار نوب دۆڭىدە توختاپ قالىدۇ؛
ئاشۇ يەردە ئۇ زىئون قىزىنىڭ تېغىغا،
يەنى يېرۇسالېمدىكى دۆڭگە قاراپ مۇشتىنى ئوينىتىدۇ.

---

32:10 **«شۇ كۈن ئۆتمىگۈچە ئۇلار نوب دۆڭىدە توختاپ قالىدۇ؛ ئاشۇ يەردە ئۇ ... يېرۇسالېمدىكى دۆڭگە قاراپ مۇشتىنى ئوينىتىدۇ»** ــ مۇشۇ 28-32-ئايەتلەردە، يەشايا ئاسۇرىيە قوشۇنىنىڭ يېرۇسالېمغا قارىتىدىغان يۈرۈشىنى ئالدىن ئالا بېشارەت بېرىپ بايان قىلىدۇ.
—ئايات بولسا يېرۇسالېمدىن 50 كىلومېتر، مىگرون 22 كىلومېتر، مىخماش 11 كىلومېتر يىراقتا؛ مىخماش داۋاندىن ئۆتۈپ، گېباغا كېلىدۇ. گېبا يېرۇسالېمدىن 10 كىلومېتر، «سائۇلنىڭ يۇرتى گىبېئاھ» 5 كىلومېتر، گاللىم 5.4 كىلومېتر، لائىش 4 كىلومېتر، ئاناتوت 3 كىلومېتر، مادمەناھ 1:5 كىلومېتر، گېبىم 800 مېتر، نوب تېغى بولسا پەقەت يېرۇسالېمدىكى سېپىلدىن 200 مېتر يىراقلىقتا.
—قوشۇن «گېبادا قونۇپ قالىدۇ» ــ ئەسلىدە مىخماشتا قونۇشقا (بىخەتەر بولۇش ئۈچۈن) توغرا كېلەتتى، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىگە تولىمۇ ئىشەنچ قىلىپ بىخۇدلۇق بىلەن ئالغا بېسىپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگەندەكىدەك يۈز بەردى.

## ئاسۇرىيە يوقىلىدۇ، «ئىممانۇئىل» تۇغۇلىدۇ

[33] مانا، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار چوڭ شاخلارنى شىددەت بىلەن كېسىۋېتىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئېگىز ئۆسكەنلەر كېسىپ يىقىتىلىدۇ؛
هالى ئۈستۈنلەر پەسلەشتۈرۈلىدۇ.
[34] ئۇ تۆمۈر قوراللار بىلەن ئورمانلىقنىڭ باراقسان يەرلىرىنى كېسىپ قاقاسلىق قىلىۋېتىدۇ؛
لىۋان بولسا ئۇلۇغ بىرسى تەرىپىدىن يىقىتىلىدۇ.

## داۋامى

11 [1] ۋە بىر تال نوتا يەسسەنىڭ دەرىخىنىڭ كۆتىكىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ؛
ئۇنىڭ يىلتىزىدىن ئۈنۈپ چىققان بىر شاخ كۆپ مېۋە بېرىدۇ.
[2] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ روھى،
يەنى دانالىقنىڭ ۋە يورۇتۇشنىڭ روھى،
نەسىھەت ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ روھى،

---

34:10 **«لىۋان»** — لىۋاندىكى كېدار دەرەخلىرى ئوتتۇرا شەرق بويىچە ئەڭ ئېگىز، ھەيۋەتلىك ۋە ئەڭ باراقسان ئۆسىدۇ؛ مۇشۇ ئايەتتە «لىۋان» ئاسۇرىيەنىڭ ھەيۋەتلىك كۈچ-قۇدرىتىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا يەرلەردە بولسا، ئۇ ھامان ھاكاۋۇر كىشىلەرنى بىلدۈرىدۇ.
**«ئۇلۇغ بىرسى تەرىپىدىن»** — 37-باب، 36-ئايەتنى كۆرۈڭ.
1:11 **«بىر تال نوتا يەسسەنىڭ دەرىخىنىڭ كۆتىكىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ»** — يەسسە بولسا داۋۇت پادىشاھنىڭ ئاتىسى. ئىبرانىيلار قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ داۋۇتنىڭ ئەۋلادىدىن بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بىراق مۇشۇ يەردە قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ھەم داۋۇتنىڭ ئەۋلادى ھەم «يەسسەنىڭ يىلتىزى»مۇ (11:10نى كۆرۈڭ) بايان قىلىنىدۇ! بۇ ئىش پەقەت ئىنجىلدىلا چۈشەندۈرۈلگەن (مەسىلەن، «لۇقا» 20:41-44).
—مۇشۇ ئايەتلەردە يەنە، مەسىھ «يەسسەنىڭ دەرىخىنىڭ كۆتىكىدىن» چىقىدۇ، دېيىلىدۇ. شۇڭا مەسىھ داۋۇت پادىشاھنىڭ خاندانلىقى ھەيۋەتلىك مەزگىلدە ئەمەس، بەلكى مىسكىن مەزگىلدە تۇغۇلىدۇ، دېگەن بېشارەت بېرىلىدۇ.
**1:11** يەش. 4:2؛ روس. 13:23،22

**بىلىم ۋە پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىشنىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ؛**
**3 ئۇنىڭ خۇرسەنلىكى بولسا پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش ئىبارەت بولىدۇ؛**
**ئۇ كۆزى بىلەن كۆرگىنىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقارمايدۇ،**
**ياكى قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغىنىغا ئاساسەن كېسىم قىلمايدۇ.**
**4 ئۇ نامراتلارغا ھەققانىيلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ،**
**يەر يۈزىدىكى مىسكىن-مۆمىنلەر ئۈچۈن ئادالەت بىلەن كېسىم قىلىدۇ.**
**ئۇ جاھاننى ئاغزىدىكى زاكون تايىقى بىلەن ئۇرىدۇ،**
**رەزىللەرنى لەۋلىرىدىن چىققان نەپەسى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ.**
**5 ئۇنىڭ بەلۋېغى ھەققانىيلىق،**
**چاتراقلىقى بولسا سادىقلىق بولىدۇ.**
**6 بۆرە بولسا قوزا بىلەن بىللە تۇرىدۇ،**
**يىلپىز ئوغلاق بىلەن بىللە،**
**موزاي، ئارسلان ۋە بورداق كالا بىلەن بىللە ياتىدۇ؛**
**ئۇلارنى يېتىلىگۈچى كىچىك بىر بالا بولىدۇ.**
**7 كالا ئېيىق بىلەن بىللە ئوزۇقلىنىدۇ،**
**ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىللە يېتىشىدۇ،**
**شىر بولسا كالىدەك سامان يەيدۇ.**

---

2:11 **«يورۇتۇش روھى»** ــ ئادەمگە چۈشىنىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلىدىغان روھتۇر.

**2:11** يەش. 5:9

5:11 **«ئۇنىڭ بەلۋېغى ھەققانىيلىق، چاتراقلىقى بولسا سادىقلىق بولىدۇ.»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «ئۇنىڭ بۆرەكلىرىگە باغلانغۇچى» دېيىلگەن. ئىبرانيي تىلىدا بۆرەكلەر ئادەمنىڭ چوڭقۇر ئوي-پىكىرلىرى ۋە ۋىجدانىنى بىلدۈرىدۇ

—چاتراقلىق» ــ ئادەمنىڭ چاترىقىغا يۆگەپ كىيىلىدىغان ئىچكى كىيىم.

—**«چاتراقلىقى بولسا سادىقلىق بولىدۇ»** ــ دېمەك، ئىچ كىيىملەر بەدەنگە چاپلاشقىنىدەك، ھەققانىيلىق ۋە سادىقلىق ئۇنىڭدىن ھېچ ئايرىلمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېقىن بولىدۇ.

**6:11** يەش. 25:65؛ ھوش. 20:2

8 ئەممەيدىغان بالا كوبرا يىلانىنىڭ تۆشۈكىگە يېقىن ئويناۋېرىدۇ،
ئەمچەكتىن ئايرىلغان بالا قولىنى زەھەرلىك يىلانىنىڭ ئۇۋىسىغا
تىقىدۇ؛
9 مېنىڭ مۇقەددەس تېغىمنىڭ ھەممە يېرىدە ھېچ زىيانكەشلىك
بولمايدۇ؛
ھېچ بۇزغۇنچىلىق بولمايدۇ؛
چۈنكى خۇددى سۇلار دېڭىزنى قاپلىغاندەك،
پۈتكۈل جاھان پەرۋەردىگارنى بىلىش-تونۇش بىلەن قاپلىنىدۇ.

10 شۇ كۈنىدە «يەسسەنىڭ يىلتىزى» ھەرقايسى ئەل-مىللەتلەر
ئۈچۈن تۇغ سۈپىتىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ؛
بارلىق ئەللەر ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ يىغىلىدۇ؛
ۋە ئۇ ئارامگاھقا تاللىغان جاي شان-شەرەپكە تولىدۇ.
11 شۇ كۈنى رەب ئىككىنچى قېتىم ئۆز خەلقىنىڭ ساقلانغان
قالدىسىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، يەنى ئاسۇرىيە، مىسىر، پاتروس، كۇش،
ئېلام، شىنار، خامات ۋە دېڭىزدىكى يىراق ئاراللاردىن قايتۇرۇش ئۈچۈن
ئۆز قولىنى يەنە ئۇزارتىدۇ.

---

**9:11** يەش. 3:6؛ ۋەھ. 4:8؛ چۆل. 21:14؛ زەب. 8:1، 9؛ زەب. 19:72؛ ھاب. 14:2

**10:11** رىم. 12:15

**11:11 «رەب ئىككىنچى قېتىم ئۆز خەلقىنىڭ ساقلانغان قالدىسىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن...»** — «ئىككىنچى قېتىم» — بىرىنچى قېتىمقى بولسا بەلكىم بابىلدا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540-يىلى) بولىدۇ. بىراق يەشايا مۇشۇ يەردە ئاخىرقى زامانلاردا بولىدىغان بىر «قايتىش» توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. بەزى ئالىملار «بىرىنچى قېتىمقى» قايتىشمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولۇشى كېرەك، شۇڭا يەشايا ئىككى «چوڭ قايتىش» توغرۇلۇق بېشارەت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. **«رەب ... قالدىسىنى ... ئاسۇرىيە، مىسىر، پاتروس، كۇش، ئېلام، شىنار، خامات ۋە دېڭىزدىكى يىراق ئاراللاردىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز قولىنى يەنە ئۇزارتىدۇ»** — ئاسۇرىيە ۋە مىسىر ئاشۇ دەۋردىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر ئىدى؛ پاتروس ۋە كۇش مىسىرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە (ھازىرقى ئېفىئوپىيە)، ئېلام ۋە شىنار شەرق تەرىپىدە (ئاسۇرىيەدىن يىراق)، خامات ئىراقنىڭ شىمال تەرىپىدە ئىدى. دېڭىزدىكى ئاراللارغا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىي ئارقىلىق ئۆتكىلى بولىدۇ. دېمەك، مەيلى كۈچلۈك، مەيلى ئاجىز دۆلەتلەر بولسۇن، ئاخىرقى زاماندا خۇدا ئۆز خەلقىنى ھەر تەرەپتىن چاقىرىپ يىغىدۇ.

12 ئۇ ئەللەرنى چاقىرىش ئۈچۈن بىر تۇغ كۆتۈرىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ
ئۇ يەر يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىدىن ئىسرائىلنىڭ غېرىبلىرىنى جەم
قىلىپ، يەھۇدادىن تارقىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىدۇ.
13 شۇنىڭ بىلەن ئەفرائىمغا بولغان ھەسەتخورلۇق يوقايدۇ،
يەھۇدانى خارلىغانلارمۇ ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ؛
ئەفرائىم يەھۇداغا ھەسەت قىلمايدۇ،
يەھۇدا بولسا ئەفرائىمنى خورلىمايدۇ.
14 بىراق ئۇلار غەرب تەرەپتە فىلىستىيلەرنىڭ مۈرىسىگە ئۇچۇپ
چۈشىدۇ؛
ئۇلار بىرلىكتە شەرقتىكى خەلقلەردىن ئولجا ئالىدۇ؛
ئۇلار ئېدوم ۋە موئاب ئۈستىگە قوللىرىنى ئۇزارتىدۇ؛
ئاممونىيلارمۇ ئۇلارغا بېقىنىدۇ.
15 پەرۋەردىگار مىسىردىكى دېڭىزنىڭ «تىلى»نى يوق قىلىدۇ؛
ئۇ كۈچلۈك پىژغىرىن شامال بىلەن ئەفرات دەرياسىنىڭ ئۈستىگە
قولىنى بىغىرلىتىپ ئۇچۇرىدۇ،
ئۇنى ئادەم ئايىغى قۇرۇق ھالدا مېڭىپ ئۆتكۈدەك يەتتە ئېرىق قىلىپ
ئۇرىدۇ؛
16 شۇنىڭ بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ قالدىسى ئۈچۈن،
مىسىردىن چىققان كۈنىدە ئىسرائىل ئۈچۈن تەييارلىغان يولغا
ئوخشاش،
ئاسۇرىيەدە قالغانلار ئۈچۈن ئاشۇ يەردىن كېلىدىغان بىر كۆتۈرۈلگەن
ئېگىز يول بولىدۇ.

---

**13:11 «ئەفرائىم»** — ئەفرائىم ئىسرائىلنىڭ «شىمالىي پادىشاھلىقى»غا، يەھۇدا «جەنۇبىي پادىشاھلىقى»غا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**15:11 «مىسىردىكى دېڭىزنىڭ «تىلى... ئەفرات دەرياسى...»** — مۇشۇ يەرلەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن خەرىتىنى كۆرۈڭ.

**16:11** مىس. 29:14

## ئىسرائىلنىڭ ئاخىرقى زاماندىكى بىر ناخشىسى

12 [1] ــ ۋە شۇ كۈنى سەن: ــ
ئى پەرۋەردىگار، مەن سېنى مەدھىيىلەيمەن؛
سەن ماڭا غەزەپلەنگىنىڭ بىلەن،
غەزىپىڭ مەندىن يۆتكىلىپ كەتتى،
ۋە سەن ماڭا تەسەللى بەردىڭ.
[2] مانا، تەڭرى مېنىڭ نىجاتىمدۇر؛
مەن ئۇنىڭغا تايىنىمەن، قورقمايمەن،
ياھ پەرۋەردىگار مېنىڭ كۈچۈم ۋە ناخشامدۇر؛
ئۇ يەنە مېنىڭ نىجاتىم بولدى، ــ دەيسەن.
[3] ــ شادلىق بىلەن سىلەر نىجاتلىق قۇدۇقلىرىدىن سۇ تارتىسىلەر.
[4] شۇ كۈندە سىلەر: ــ
«پەرۋەردىگارغا رەھمەت ئېيتىڭلار،
ئۇنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلىڭلار؛
ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى خەلقلەر ئارىسىدا ئايان قىلىڭلار،
ئۇنىڭ نامىنىڭ زور ئابرۇي تاپقانلىقىنى جاكارلاڭلار.
[5] پەرۋەردىگارغا كۈيلەر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان؛
مانا بۇ پۈتكۈل جاھانغا ئايان قىلىنسۇن!
[6] زىئوندىكىلەر، تەنتەنە قىلىپ جار سېلىڭلار؛
چۈنكى ئاراڭلاردا تۇرغان ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى بۈيۈكتۇر!» ــ دەيسىلەر.

---

2:12 **«ياھ پەرۋەردىگار مېنىڭ كۈچۈم ۋە ناخشامدۇر...»** ــ مۇقەددەس كىتابنىڭ مۇشۇ تەرجىمىسىدە بىز خۇدانىڭ «ياھۋەھ» ياكى «جەخوۋاھ» دېگەن نامىنى ئادەتتە «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. «ياھ» بولسا «ياھۋەھ» دېگەن بۇ نامنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىدۇر.

**3:12** يـۇھ. 37،38:7

**4:12** يـۇھ. 1،4،6،26:17

## بابىلنىڭ ۋەيران قىلىنىشى

**13** [1] **ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا كۆرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن بابىل توغرىسىدىكى ۋەھيي: —**
[2] **بابىل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوۋۇقلاردىن ئۆتۈپ كىرىشى ئۈچۈن،**
**قاقاس تاغ ئۈستىدە تۇغ كۆتۈرۈڭلار،**
**ئۇلارنى يۇقىرى ئاۋازدا چاقىرىڭلار،**
**قولۇڭلارنى پۇلاڭلىتىپ ئىشارەت قىلىڭلار.**
[3] **مەن بولسام، مەخسۇس تاللىغانلىرىمغا بۇيرۇق چۈشۈرگەنمەن،**
**ئۆز پالۋانلىرىمنى، يەنى تەكەببۇرلۇقتىن يايراپ كەتكەن ئادەملىرىمنى**
**غەزىپىمنى بەجا كەلتۈرۈشكە چاقىردىم.**
[4] **ئاڭلاڭلار، بۈيۈك بىر ئەلنىڭ ئادەملىرىدەك توپ-توپ ئادەملەرنىڭ**
**تاغلاردا ياڭراتقان قىيقاس-سۈرەنلىرىنى،**
**ھەممە ئەل-يۇرتلار ۋە پادىشاھلىقلار جەڭگە يىغىلىپ دولقۇنلاتقان**
**قاينام-تاشقىنلىقىنى!**
**ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار قوشۇنلارنى جەڭگە**
**يىغىدۇ.**

---

1:13 **«يۈكلەنگەن ۋەھيي»** — ئىبرانيي تىلىدا «ماسسا» دېگەن بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ «ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان ۋەھيي» ھەم «پەيغەمبەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بىر ۋەزىپە» دېگەن ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.
—مۇشۇ بابتىكى بېشارەتلەر بەلكىم «ئاخىرقى زاماندىكى بابىل»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىراق 17-22-ئايەتلەر قەدىمكى دۇنيادىكى بابىلنىڭ پارس ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشىدا ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.
2:13 **«قاقاس تاغ ئۈستىدە تۇغ كۆتۈرۈڭلار...»** — تاغ قاقاس-قۇرۇق بولسا، تۇغ ئېنىق كۆرۈنىدۇ. تۇغنىڭ ئۆزى جەڭگە چاقىرىدىغان ئىشارەتتۇر.
3:13 **«مەخسۇس تاللىغانلىرىم»** — دېگەن سۆز ئىبرانيي تىلىدا «مۇقەددەسلىرىم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «مۇقەددەس» ئادەتتە «پاك، خۇداغا مەنسۇپ» دېگەن مەنىدە. بىراق مۇشۇ يەردە بەلكىم «خۇدا ئۆزىنىڭ مەخسۇس مەقستى ئۈچۈن (مەيلى ئۆزلىرى بىلسۇن، بىلمىسۇن) ئايرىم قىلغانلار» دېگەن مەنىدە. ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئوخشاشلا، مۇشۇ دۇنيادىكى تەكەببۇر ئادەملەرنى خۇدا ئۆز مەقستىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى يوقىتىش، شۇنداقلا پۈتكۈل رەزىل دۇنيانى ھالاك قىلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (11-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

[5] ئۇلار، يەنى پەرۋەردىگار ۋە ئۆز غەزىپىنىڭ قوراللىرى،
يىراق يۇرتتىن، ھەتتا ئاسمانلارنىڭ قەرىدىنمۇ پۈتكۈل جاھاننى
ھالاك قىلىشقا كەلگەن.
[6] پەرياد چېكىپ ھۆۋلاڭلار!
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى يېقىنلاشتى؛
ئۇ ھەممىگە قادىردىن كېلىدىغان ھالاكەتتەك كېلىدۇ.
[7] بۇنىڭدىن ھەربىر قول بوشىشىپ كېتىدۇ،
ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېرىپ كېتىدۇ.
[8] ئۇلار ۋەھىمىگە چۈشىدۇ؛
ئازاب-ئوقۇبەت ۋە قايغۇ-ھەسرەت ئۇلارنى قاپلايدۇ،
تولغىقى تۇتقان ئايالدەك ئۇلار تولغىنىپ كېتىدۇ،
ئۇلار بىر-بىرىگە ۋەھىمە ئىچىدە تىكىلىپ قارىشىدۇ؛
يۈزلىرى بولسا يالقۇندەك قىزىرىپ كېتىدۇ.
[9] مانا پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى كېلىدۇ،
شۇ كۈن جىمى يەر-جاھاننى ۋەيران قىلىشقا،
رەھىمسىز بولۇپ، غەزەپ ۋە قەھر بىلەن تولغاندۇر؛
ئۇ گۇناھكارلارنى جاھاندىن يوقىتىدۇ.
[10] چۈنكى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ھەم يۇلتۇز تۈركۈملىرى نۇرىنى
بەرمەيدۇ؛
قۇياش بولسا چىقىپلا قاراڭغۇلىشىدۇ،
ئايمۇ ھېچ يورۇمايدۇ.

---

5:13 **«يىراق يۇرتتىن... كەلگەن»** — دېمەك، پەلەستىندىن يىراق كەلگەن. مۇشۇ «دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش»، پەلەستىندە ۋە پەلەستىن ئەتراپىدىكى تاغلار ئۈستىدە يۈز بېرىدىغانلىقى كۆرۈنىدۇ.
—خۇدا قوراللىرىنى «ئاسماننىڭ قەرىدىنمۇ» چاقىرىدۇ — بۇ جەڭلەرگە پەرىشتىلەرمۇ قاتنىشىدىغان ئوخشايدۇ.

**6:13** يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش. 2:12-22؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2؛ ۋەھ. 6:12-13

8:13 **«يۈزلىرى... يالقۇندەك قىزىرىپ كېتىدۇ»** — بەلكىم شەرمەندە بولغانلىقىدىن بولغان.

**10:13** ئەز. 7:32؛ يو. 2:31؛ 3:15؛ مات. 29:24؛ مار. 24:13؛ لۇقا 25:21

11 مەن دۇنيانى رەزىللىكى ئۈچۈن،
قەبىھلەرنى گۇناھلىرى ئۈچۈن جازالايمەن؛
ھاكاۋۇرلارنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى تۈگەل يوقىتىمەن؛
زوراۋانلارنىڭ كىبىرلىرىنى پەس قىلىمەن.
12 مەن ئىنسانلارنى ساپ ئالتۇندىن ئاز قىلىمەن،
ئادەمنى ھەتتا ئوفىردىكى ئالتۇندىن ئاز قىلىمەن.
13 شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىدە،
ئۇنىڭ قاينىغان قەھرلىك كۈنىدە،
مەن خۇدا ئاسمانلارنى تەۋرىتىمەن،
يەر بولسا ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىدۇ؛
14 شۇڭا ئوۋلانغان بىر جەرەندەك،
ھېچكىم يىغمايدىغان بىر پادىدەك،
ھەربىرسى ئۆز ئەل-جامائىتىنى ئىزدەپ كەتمەكچى بولىدۇ،
ھەربىرى ئۆز يۇرت-ماكانىغا قاچماقچى بولىدۇ؛
15 قېچىپ تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسى سانجىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ؛
ئەسىرگە چۈشكەنلەرمۇ قىلىچلىنىدۇ.
16 ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ كۆز ئالدىدا پارە-پارە قىلىنىدۇ؛
ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ،
ئاياللىرىمۇ ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ.
17 مانا، مەن ئۇلارغا قارشى تۇرۇشقا مېدىئالىقلارنى قوزغايمەن،
ئۇلار كۈمۈشلەرگە ھېچ قارىمايدۇ،

---

12:13 **«ئوفىردىكى ئالتۇن»** ـــ ئوفىر رايونىدىكى ئالتۇن ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان، سۈپەتلىك ئالتۇن دەپ قارىلاتتى.

**ئالتۇندىن بولسا ئۇلار زوق ئالمايدۇ.**
**18 ئۇلارنىڭ ئوقيالىرى يىگىتلەرنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋېتىدۇ،**
**ئۇلار بالىياتقۇنىڭ مېۋىسىگە ھېچ رەھىم قىلمايدۇ،**
**كۆزلىرى بالىلارنى ھېچ ئايىمايدۇ.**
**19 پادىشاھلىقلارنىڭ گۆھىرى،**
**كالدىيلەرنىڭ پەخىرلىنىدىغان گۈزەللىكى بولغان بابىل بولسا،**
**خۇدانىڭ سودوم ۋە گوموررا شەھەرلىرىنى ئۆرۈۋەتكىنىگە ئوخشاش بولىدۇ.**
**20 ئۇ يەردە ھېچكىم ھەرگىز تۇرمايدۇ،**
**دەۋردىن-دەۋرگىچە ئۇ ئادەمزاتسىز قالىدۇ.**
**ئەرەبلەر بولسا شۇ يەردە چېدىر تىكمەيدۇ،**
**مالچىلار پادىلىرىنى شۇ يەردە ياتقۇزمايدۇ.**
**21 بىراق چۆل-باياۋاندىكى جانىۋارلار شۇ يەردە قونىدۇ،**
**ئۇلارنىڭ خاراب ئۆيلىرىگە ھۇۋلايدىغان مەخلۇقلار تولىدۇ،**
**ھۇۋقۇشلار شۇ يەردە ماكانلىشىدۇ،**
**«ئۆچكە جىن»لار سەكرەپ ئويناقلىشىدۇ.**
**22 ياۋايى ئىتلار قەلئە-قورغانلاردا،**
**چىلبۆرىلەر ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىدا ھۇۋلىشىدۇ،**

---

17:13 **«مانا، مەن ئۇلارغا قارشى تۇرۇشقا مېدىئالىقلارنى قوزغايمەن...»** ــ بېشارەتنىڭ تېمىسى بابىللىقلارغا يېنىپ كېلىدۇ. يۇقىرىقى ئايەتلەر (2-16)، شۈبھىسىزكى، پەقەت بابىلنىلا ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى زاماندىكى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دىكى پۈتۈن دۇنيانى كۆرسىتىدۇ.
—مېدىئالىقلار «... كۈمۈشلەر... ئالتۇنلار»غا قىزىقمايدۇ ــ دېمەك، ئۇلارنى ھۇجۇم قىلىشتىن توختىتىش ئۈچۈن پۇل بېرىش كار قىلمايدۇ.
18:13 **«بالىياتقۇنىڭ مېۋىسى»** ــ قورساقتىكى تۆرەلمىنى ياكى كىچىك بوۋاقنى كۆرسىتىدۇ.
19:13 **«سودوم ۋە گوموررا»** ــ قەدىمكى زاماندىكى ئىككى رەزىل شەھەر. خۇدا ئۇلارنى ئوت بىلەن ۋەيران قىلغان. «يار.» 19-بابنى كۆرۈڭ.
**19:13** يار. 25:19؛ يەش. 1:9؛ يەر. 18:49؛ 40:50
**20:13** يەر. 39:50
21:13 **«ھۇۋلايدىغان مەخلۇقلار»** ــ ياكى «ھۇۋقۇش-مۈشۈكياپىلاقلار». **«ئۆچكە جىنلار»** ــ مۇشۇ جىنلار بەلكىم ئۆچكە شەكلىدە بولۇشى مۇمكىن.

بەرھەق، ئۇنىڭ ۋاقتى توشۇشقا ئاز قالدى،
ئۇنىڭ كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

## بابىلنىڭ يىقىلىشى بىلەن ئىسرائىل خۇدانىڭ رەھمىتىنى كۆرىدۇ. بابىلنىڭ پادىشاھىنىڭ تەھتىسارائاغا چۈشۈشى

14 [1] چۈنكى پەرۋەردىگار ياقۇپقا رەھىمدىللىق كۆرسىتىدۇ،
يەنە ئىسرائىلنى تاللايدۇ؛
ئۇ ئۇلارنى ئۆز يۇرت-زېمىنىدا ماكانلاشتۇرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن يات ئادەملەر ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ،
ياقۇپ جەمەتىگە قوشۇلىدۇ. [2] ھەرقايسى ئەل-مىللەتلەر ئۇلارنى
ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىدۇ؛
ئىسرائىل جەمەتى بولسا پەرۋەردىگارنىڭ زېمىنىدا ئۇلارغا قۇل ۋە
دېدەك سۈپىتىدە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ؛
ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتقۇن قىلغانلارنى تۇتىدۇ؛
ئۆزلىرىنى ئەزگەنلەرنىڭ ئۈستىدىن ئىدارە قىلىدۇ.
[3] ۋە شۇنداق بولىدۇكى،
پەرۋەردىگار سىلەرگە ئازابتىن،ساراسىمىدىن ۋە ئەسىر بولۇپ
مەجبۇرلانغان مۇشەققەتلىك قۇللۇقتىن ئاراملىق بەرگەن كۈنىدە،
[4] سىلەر بابىل پادىشاھى توغرىسىدا مۇنداق ماقال-تەمسىلنى
ئېيتىسىلەر: —
«قارا، بۇ جازانىخور قانداق ھالاك بولدى،

**1:14** «پەرۋەردىگار ياقۇپقا رەھىمدىللىك كۆرسىتىدۇ، يەنە ئىسرائىلنى تاللايدۇ؛...» — ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» دېگەن قىسمىنى ئوقۇغان بولسا ئېسىدە بار بولىدۇكى، خۇدا ھەزرىتى ياقۇپنىڭ ئىسمىنى «ئىسرائىل»غا ئۆزگەرتكەن. يەھۇدىي خەلقى (ئىسرائىللار) ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا «يەشايا» كىتابىدا، «ياقۇپ» ياكى «ئىسرائىل» ئادەتتە يەھۇدىيلار، يەنى ئىسرائىل خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر تېكىست ھەزرىتى ياقۇپ (ئىسرائىل)نىڭ ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولسا، ئىزاھات بېرىمىز.
**3:14** قان. 48:28

**تالان-تاراج قىلىپ ئالتۇن توپلىغۇچى قانداق يوقالدى!**
**5 پەرۋەردىگار رەزىللەرنىڭ ھاسىسىنى،**
**ھاكىملارنىڭ زاكون تايىقىنى،**
**6 يەنى خەلق-مىللەتلەرنى ئاچچىقى بىلەن ئۇزلۇكسىز ئۇرغاننى،**
**ئەللەرگە غەزەپ قىلىپ تىزگىنسىز زىيانكەشلىك قىلغاننى**
**سۇندۇرۇۋەتتى.**
**7 پۈتكۈل يەر يۈزى ئارام تېپىپ تىنچلىنىدۇ؛**
**ئۇلار ناخشا ئېيتىپ تەنتەنە قىلىدۇ.**
**8 قارىغايلار بولسا ھالىڭدىن شادلىنىدۇ،**
**لىۋاندىكى كېدىرلارمۇ: — «سەن گۆرۈڭدە ياتقۇزۇلغاندىن كېيىن،**
**ھېچبىر كەسكۈچى بىزنى قورقاتمايدۇ!» — دەيدۇ.**
**9 سەن چۈشۈشۈڭ بىلەن تەھتىسارادىكىلەر سېنى قارشى ئېلىشقا**
**ساراسىمە بولۇپ كېتىدۇ؛**
**سەن ئۈچۈن ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى،**
**جاھاندىكى جىمىكى «ئۆچكە جىنلار» قوزغىلىدۇ؛**
**ئەللەرنىڭ ھەممە پادىشاھلىرى تەختلىرىدىن تۇرغۇزۇلىدۇ؛**
**10 ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قاراپ مۇنداق دەيدۇ: —**
**«سېنىڭ ھالىڭمۇ بىزلەرنىڭكىدەك بوشاپ كەتتىمۇ؟**
**بىزگە ئوخشاش بولۇپ قالدىڭمۇسەن؟!»**
**11 سېنىڭ شانۇ-ھەيۋىتىڭ چىلتارلىرىڭنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن بىللە**
**تەھتىساراغا چۈشۈرۈلۈپ تۈگىدى؛**
**ئاستىڭدا چىۋىن قۇرتى مىژىلداپ كېتىدۇ،**

---

8:14 **«قارىغايلار» ۋە «كېدىرلار»** — شۈبھىسىزكى، ھەرخىل پادىشاھلار ياكى پادىشاھلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. كېدىر دەرىخى بولسا يوغان، ئىنتايىن چىرايلىق دەرەخ بولۇپ، ئۇلۇغ پادىشاھلارنى ياكى پادىشاھلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

10:14 **«ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى ساڭا قاراپ مۇنداق دەيدۇ: — «سېنىڭ ھالىڭمۇ بىزلەرنىڭكىدەك بوشاپ كەتتىمۇ؟»** — خۇداغا ئېتىقاد قىلمىغان، تەھتىسارادا ياتقان ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرىنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ يەردە ئايان قىلىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئالەمدىكىلەرگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھالى ئاللىقاچان «بوشاپ كەتكەن» بولىدۇ.

**ئۇستۇڭنى سازاڭلار قاپلاپ كېتىدۇ.**
**12 ئى چولپان، سەھەر بالىسى،**
**سەن قانداق قىلىپ ئاسماندىن يىقىلىپ چۈشكەنسەن!**
**ئى تېخى ئۆتكەندىلا ئەللەرنى يەرگە يىقىتقۇچى،**
**سەن يەر يۈزىگە تاشلىۋېتىلدىڭ!**
**13 سەن ئەسلىدە كۆڭلۈڭدە: ــ «مەن ئاسمانلارغا چىقىمەن،**
**تەختىمنى خۇدانىڭ يۇلتۇزلىرىدىن ئۈستۈن قىلىمەن؛**
**مەن جامائەتنىڭ تېغىدا،**
**يەنى شىمال تەرەپلەردىمۇ ئولتۇرىمەن؛**
**14 مەن بۇلۇتلارنىڭ ئېگىز جايلىرىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەيمەن؛**
**ھەممىدىن ئالىي بىلەن تەڭ بولىمەن!» ــ دېدىڭ.**
**15 ھالبۇكى سەن تەھتىسارىغا،**
**چوڭقۇر ھاڭنىڭ تەگلىرىگە چۈشۈرۈلدۈڭ».**
**16 سېنى كۆرگەنلەر ساڭا يېقىندىن سىنچىلاپ قاراپ: ــ**
**«جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، پادىشاھلىقلارنى تىترەتكەن ئادەم مۇشۇمىدۇ؟**
**17 يەر يۈزىنى چۆل-باياۋان قىلىپ،**

---

12:14 **«ئى چولپان، سەھەر بالىسى، سەن قانداق قىلىپ ئاسماندىن يىقىلىپ چۈشكەنسەن!»** ــ مۇشۇ ئايەتلەردىكى بېشارەتلەردە، كۆرۈنگەن مەنزىرە بابىل پادىشاھىدىن دەججال ۋە دەججالنىڭ كەينىدىكى كۈچ-يۆلەنچۈكى بولغان شەيتانغا يۆتكىلىدۇ. دەججال بەلكىم كەلگۈسىدە بابىلنىڭ پادىشاھىمۇ بولىدۇ. شەيتاننىڭ ئەسلىدە چىرايلىق، كۈچلۈك، پارلاق بىر پەرىشتە، يەنە «چولپان» بولغانلىقى كۆرۈنىدۇ. مۇشۇ ئايەتلەردىمۇ يۇلتۇزلار ۋە پەرىشتىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى كۆرۈنىدۇ. **«سەن يەر يۈزىگە تاشلىۋېتىلدىڭ!»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «سەن يەر يۈزىگە كېسىۋېتىلدىڭ».

13:14 **«جامائەتنىڭ تېغىدا»... «شىمال تەرەپلەردە»** ــ بەلكىم پەرىشتىلەرنىڭ ساماۋى جامائىتىنى ياكى ئىسرائىلنىڭ جامائىتىنى بىلدۈرىدۇ ــ دېمەك، شەيتان خۇداغا مەنسۇپ بولغان جامائەتنىڭ تېگىشلىك ئىبادىتىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشقا قىزىقىدۇ.

**13:14** زەب. 2:48

14:14 **«يۇلتۇزلار... بۇلۇتلار...»** ــ 13- ۋە 14-ئايەتتىكى «يۇلتۇزلار» ۋە «بۇلۇتلار» بەلكىم پەرىشتىلەر، ئاسماندىكى ساماۋى قوشۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىكى شەھەرلەرنى غۇلاتقان،
تۇتقان ئەسىرلەرنى ئۆز يۇرتىغا ھېچ قويۇپ بەرمىگەن مۇشۇمىدۇ؟»
ــ دېيىشىدۇ.
18 مانا ئەللەرنىڭ شاھلىرى بىرىمۇ قالماي «شان-شەرەپ»تە،
قاراڭغۇلۇقتىكى ئۆز ئۆيىدە يېتىشىدۇ،
19 بىراق سەن كەمسىتىلگەن چىرىگەن بىر شاخ كەبى،
ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ دۆۋىسى ئاستىدا،
قىلىچ بىلەن سانجىلغان، ھاڭنىڭ تەھتىگە چۈشىدىغانلارغا ئوخشاش،
ئاياغ ئاستىدا دەسسەپ-چەيلەنگەن ئۆلۈكتەك،
ئۆز گۆرۈڭدىن مەھرۇم بولۇپ تاشلىۋېتىلدىڭ.
20 سەن ئاشۇ پادىشاھلار بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنمايسەن،
چۈنكى ئۆز يۇرتۇڭنى ۋەيران قىلغانسەن،
ئۆز خەلقىڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنسەن؛
رەزىللىك قىلغۇچىلارنىڭ نەسلى ھەرگىز يەنە تىلغا ئېلىنمايدۇ.
21 ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبىھلىكلىرى تۈپەيلىدىن،
ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى قەتل قىلىشقا تەييار قىلىڭلار؛
شۇنداق قىلغاندا، ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ يەر-جاھاننى ئىشغال قىلمايدۇ،
يەر يۈزىنى شەھەرگە توشقۇزۇۋېتەلمەيدۇ.

---

18:14 **«قاراڭغۇلۇقتىكى ئۆز ئۆيى»** ــ ھەم يەر يۈزىدىكى مازارى ھەم تەھتىسارادا ياتقان جايىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

19:14 **«ھاڭنىڭ تەھتىگە...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھاڭنىڭ تاشلىرىغا».

**20:14** ئايۇپ 19:18؛ زەب. 10:21؛ 28:37؛ 13:109

21:14 **«ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ يەر-جاھاننى ئىشغال قىلمايدۇ، يەر يۈزىنى شەھەرگە توشقۇزۇۋېتەلمەيدۇ»** ــ مۇشۇ سۆزلەر تۆنجى «بابىل» شەھىرى، يەنى «بابىل مۇنارى» جايلاشقان شەھەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆزلىرىنىڭ نامىنى چوڭ كۆرسىتىپ، ئۆز شەھىرىنى پۈتكۈل يەر-زېمىننى باشقۇرىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى («يار.» 11-بابنى كۆرۈڭ).

**21:14** مىس. 5:20؛ مات. 25:23

22 چۈنكى مەن ئۇلارغا قارشى چىقىمەن،
دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار،
مەن بابىلدىن ئۇنىڭ نامىنى ۋە ئۇنىڭ قالدۇقلىرىنى، نەسىل-
پەرزەنتلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
23 ــ ۋە ئۇنى ھۆۋقۇشنىڭ ماكانىغا، سازلىقلارغا ئايلاندۇرىمەن؛
ھالاكەت سۈپۈرگىسى بىلەن ئۇنى سۈپۈرۈپ تاشلايمەن،
دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
24 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق قەسەم
ئىچكەنكى،
مەن قانداق ئويلىسام، شۇنداق بولىدۇ؛
قانداق مەقسەتنى كۆڭلۈمگە پۈكسەم، شۇ تىكلىنىدۇ،
25 مەقسىتىم ئۆز زېمىنىمدا ئاسۇرىيەلىكنى قىيما-چىيما قىلىشتىن
ئىبارەت؛
ئۆز تاغلىرىمدا ئۇنى دەسسەپ-چەيلەيمەن؛
ئۇ سالغان بويۇنتۇرۇق خەلقىمنىڭ بويىنىدىن،
ئۇ ئارتقان يۈك مۈرىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.
26 مانا بۇ پۈتكۈل يەر يۈزى توغرۇلۇق ئىرادە قىلىنغان مەقسەتتۇر،
مانا بۇ بارلىق ئەللەرنىڭ ئۈستىگە ئۇزارتىلغان قولدۇر.
27 پەرۋەردىگار مۇنداق مەقسەتنى پۈككەنىكەن،
كىم ئۇنى توسالىسۇن؟
ئۇنىڭ قولى ئۇزارتىلغانىكەن، كىم ئۇنى ياندۇرالىسۇن؟

---

**22:14** ئايۇپ 19:18؛ زەب. 10:21؛ 28:37

**23:14 «ھۆۋقۇش»** ــ باشقىچە تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن: ئۇ چوقۇم خىلۋەت جايلاردا تۇرىدىغان بىر جانىۋار.

**23:14** يەش. 11:34؛ زەف. 14:2

**25:14 «ئۆز زېمىنىمدا ...ئۆز تاغلىرىمدا...»** ــ خۇدانىڭ «ئۆز زېمىنى»، «ئۆز تاغلىرى» بولسا ئىسرائىلنىڭ زېمىنى پەلەستىندۇر.

**27:14** 2تار. 6:20؛ ئايۇپ 12:9؛ پەند. 30:21؛ دان. 32:4

## فىلىستىيە توغرۇلۇق بىر سۆز

28 **ئاھاز پادىشاھ ئۆلگەن يىلىدا مۇنداق ۋەھىي يۈكلەندى: ــ**
29 **ئى فىلىستىيە، ھەممىڭلار،**
**«بىزنى ئۇرغان تاياق سۇندى» دەپ شادلانماڭلار؛**
**چۈنكى يىلاننىڭ يىلتىزىدىن زەھەرلىك بىر يىلان چىقىدۇ،**
**ئۇنىڭ نەسلى بولسا دەھشەتلىك ئۇچار يىلان بولىدۇ.**
30 **شۇنىڭ بىلەن يوقسۇللارنىڭ تۇنجى باللىرى ئوزۇقلىنىدۇ،**
**مۆمىنلەر بولسا تىنچ-ئامانلىقتا ياتىدۇ؛**
**بىراق مەن يىلتىزىڭنى ئاچارچىلىق بىلەن يوقىتىمەن**
**قالغان قىسمىڭمۇ ئۇ تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.**
31 **شۇڭا ئى قوۋۇق، نالە كۆتۈرگىن،**
**ئى شەھەر، پەرياد چەككىن!**
**ئى فىلىستىيە، سەن بولساڭ ئېرىپ كەتكەنسەن!**
**چۈنكى شىمال تەرەپتىن ئىس-تۈتەكلىك بىر تۈۋرۈك ئۆرلەيدۇ؛**

---

**28:14** 2پاد. 20:16

29:14 **«يىلاننىڭ يىلتىزىدىن زەھەرلىك بىر يىلان چىقىدۇ، ئۇنىڭ نەسلى بولسا دەھشەتلىك ئۇچار يىلان بولىدۇ»** ــ ئاھاز ئۆلگەندە، فىلىستىيلەرنىڭ بەش شەھەر ئىتتىپاقدىشى ئاسۈرىيەگە قارشى يەھۇدا بىلەن بىر ئىتتىپاقنى بەرپا قىلماقچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار يەھۇدانىڭ يېڭى پادىشاھى ھەزەكىياغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن. بېشارەت شۇ چاغدا بېرىلگەن (32-ئايەتنى كۆرۈڭ). يەشايا پەيغەمبەر مۇشۇ بېشارەتتە، ئىتتىپاقلىشىشنى رەت قىلىش، پەقەت پەرۋەردىگارغىلا تايىنىش كېرەك، دېمەكچى (يەنە 32-ئايەتنى كۆرۈڭ).
—«تاياق»، يەنى «يىلان» بەلكىم ئاھازنىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن. فىلىستىيە ئىسرائىلنىڭ زېمىنىدىن بىر قىسمىنى ئىشغال قىلغانىدى. ئاھاز پادىشاھ بەلكىم ئۇلار بىلەن ئاشۇ زېمىن ئۈستىدىن ئۇرۇشقان بولۇشى مۇمكىن (تەۋراتتىكى «2تار.» 28-بابنى كۆرۈڭ). ئۇنىڭ ئوغلى ھەزەكىيا بولسا فىلىستىيەگە تاقابىل تۇرۇپ ئىسرائىلنىڭ زېمىنىنى قايتۇرۇۋالىدۇ (تەۋراتتىكى «2پاد.» 18-بابنى كۆرۈڭ). شۇڭا ھەزەكىيا بەلكىم بېشارەتتىكى «زەھەرلىك يىلان» بولۇشى مۇمكىن. «دەھشەتلىك ئۇچار يىلان» بولسا، ئەڭ خەتەرلىك يىلان بولۇپ، كەلگۈسىدە ئىسرائىلنى بارلىق دۈشمەنلىرىدىن تولۇق قۇتقۇزىدىغان مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

30:14 **«قالغان قىسمىڭمۇ ئۇ تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلىدۇ»** ــ دېمەك، ئوخشاشلا ئاچارچىلىقتىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئۇنىڭ يىغلىغان قوشۇنلىرىدا ھېچكىم سەپسىز قالمايدۇ.
32 ئەمدى بۇ ئەلنىڭ ئەلچىلىرىگە قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك؟ ــ
«زىئوننى تىكلىگۈچى پەرۋەردىگاردۇر؛
ئۇنىڭ خەلقى ئىچىدىكى ئېزىلگۈچىلەر ئۇنىڭدىن باشپاناھ تاپىدۇ»
ــ دېگىن!»

## موئاب توغرۇلۇق بىر بېشارەت

15 1 موئاب توغرىسىدا يۈكلەنگەن ۋەھىي؛
ھالاكەتلىك بىر كەچتىلا، موئابتىكى ئار شەھىرى ۋەيران
قىلىنىدۇ؛
ھالاكەتلىك بىر كەچتىلا، موئابتىكى كىر شەھىرى يوق قىلىنىدۇ؛
2 يىغا-زارلار كۆتۈرۈش ئۈچۈن،
مانا ئۇ بۇتخانىسىغا، دىبونغا، شۇنداقلا بارلىق ئېگىزلىكلىرىگە
چىقتى؛
موئاب نېبو ۋە مەدەبا شەھەرلىرى ئۈچۈن پەرياد كۆتۈرىدۇ؛
ھەممە باشلار تاقىر كۆرۈنىدۇ،
جىمىكى ساقاللار كېسىلىپ چۈشۈرۈلدى.

---

**31:14 «ئىس-تۈتەكلىك بىر تۈۋرۈك ئۆرلەيدۇ»** ــ بەلكىم دۈشمەن قوشۇنلىرى پۇرقىرىتىدىغان چاڭ-توزاڭلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. مۇشۇ ئايەتنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكىسىنى چۈشىنىش تەس.
**32:14 «بۇ ئەلنىڭ ئەلچىلىرى»** ــ فىلىستىيلەرنىڭ ئەلچىلىرى بولسا كېرەك.
**1:15** يەر. 1:48؛ ئەز. 9:25؛ ئام. 1:2
**2:15 «مانا ئۇ بۇتخانىسىغا، دىبونغا... چىقتى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «مانا ئۇ باجىت، دىبون دېگەن جايلارغا، ... چىقتى».
ــمۇشۇ ئايەتتە يەشايا موئابىيلارنىڭ بۇتخانىلىرىدا ۋە بۇتقا چوقۇنىدىغان «ئېگىزلىك»لەردە دۇئا قىلىشلىرىنىڭ بىكار بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. **«ھەممە باشلار تاقىر كۆرۈنىدۇ، جىمىكى ساقاللار كېسىلىپ چۈشۈرۈلدى»** ــ چاچ چۈشۈرۈش ۋە ساقال يۇلۇش قاتتىق ھەسرەت، پۇشايمان قىلىشنى ياكى ماتەم تۇتۇشنىمۇ بىلدۈرەتتى.
**2:15** يەر. 37:48؛ ئەز. 18:7

3 كوچىلاردا ئۇلار بۆز كىيىدۇ؛
ئۆگزىلىرىدە، مەيدانلىرىدا، ھەربىر ئادەم كۆز ياشلىرىنى ياغدۇرۇپ پەرياد كۆتۈرىدۇ.
4 ھەشبونغا، ئەلىيئالاھ شەھەرلىرىگە يىغا ئۇلىشىدۇ،
ئاۋازلىرى ياھاز شەھىرىگىمۇ يېتىپ بارىدۇ.
شۇڭا موئابنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ نىدا قىلىدۇ؛
ئۇنىڭ ۋۇجۇد-باغرىنى تىترەك باسىدۇ.
5 مېنىڭ قەلبىممۇ موئاب ئۈچۈن يىغا-زار كۆتۈرىدۇ؛
ئۇلارنىڭ قاچقۇنلىرى زوئارغا ھەم ئەگلات-شېلى-شىجاغا بەدەر قاچىدۇ؛
مانا ئۇلار توپلىشىپ، يىغلىغان پېتى لۇھىتقا چىقىدىغان داۋان يولى بىلەن يۇقىرىغا ماڭىدۇ،
ھورونائىمغا چۈشىدىغان يولدا تۇرۇپ ھالاكەتتىن نالە-زار كۆتۈرىدۇ.
6 چۈنكى نىمرىمدىكى سۇلار قۇرۇپ كېتىدۇ،
ئوت-چۆپلەر سولىشىپ،
گۈل-گىياھ تۈگەپ كېتىدۇ؛
ھېچ ياپ-يېشىللىق قالمايدۇ.
7 شۇڭا ئۇلار بايلىقلىرى، تاپقان-تەرگىنىنى يىغىپ «تەرەك ۋادىسى»دىن ئۆتمەكچى بولىدۇ؛
8 ئۇلارنىڭ كۆتۈرگەن يىغىسى موئابنىڭ چېگراسىغا،
ئاھۇ-زارلىرى ئەگلائىمغا،
پىغانلىرى بەئەر-ئېلىمغا يېتىدۇ.
9 دىموننىڭ سۇلىرى قانغا تولۇپ كېتىدۇ،

6:15 **«ئۇلارنىڭ قاچقۇنلىرى زوئارغا ھەم ئەگلات-شېلى-شىجاغا بەدەر قاچىدۇ 5-ئايەت ...چۈنكى نىمرىمدىكى سۇلار قۇرۇپ كېتىدۇ...»** — بىلىشىمىزچە 5- ۋە 6-ئايەتتىكى شەھەرلەر (زوئار، نىمرىم قاتارلىقلار) موئابنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە. ئار، كىر، نېبو، مەدەبا بولسا شىمالىي تەرىپىدە. قارىغاندا بولىدىغان ھۇجۇم شىمال تەرەپتىن كەلگەچكە، ئۇلار جەنۇبىي تەرەپكە قاچىدۇ. ئاسۇرىيە موئابغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلدى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 715- ۋە 711-يىلىدا.

چۈنكى دىموننىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ كۆپ بالايىئاپەتنى توپلايمەن؛
چۈنكى موئابنىڭ قاچقۇنلىرى ھەم زېمىندا قالغانلىرىنىڭمۇ
ئۈستىگە بىر شىرنى ئەۋەتىمەن.

## داۋامى

16 [1] «ئەمدى غەللە-پاراق قوزىسىنى سېلا رايوندىن ئېلىپ،
چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ زېمىنلارنىڭ ھۆكۈمرانىغا،
يەنى زىئون قىزىنىڭ تېغىغا ئەۋەتكىن!»
[2] ئۇۋىسىدىن چۇۋۇلۇپ پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن قۇشلاردەك،
موئاب قىزلىرى ئارنون دەرياسىنىڭ كېچىكلىرىدە ئالاقزادە يۈرىدۇ.

## موئاب بەگلىرىنىڭ بىر-بىرىگە سۆزلىشى

[3] «پاراسەت بىلەن ھۆكۈم قىلىڭلار!»
[4] «ئى زىئون قىزى، سايىڭىزنى چۈشۈرۈپ چۈشتىكى يورۇقلۇقنى تۈن
قاراڭغۇسىدەك قىلىڭ.

9:15 **«دىمون»** — بەلكىم «دىبون» (1-ئايەت) بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، يەرلىكلەر دىبوننى بەلكىم «دىمون» دەپ ئاتىشى مۇمكىن. **«شىر»** — كەلگۈسىدە موئابقا تاجاۋۇز قىلىدىغان (1) ئاسۇرىيە پادىشاھىنى ياكى (2) بابىل پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ.
1:16 **«غەللە-پاراق قوزىسى»** — موئابدىكىلەر داۋۇت پادىشاھنىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ ئىسرائىلغا بېقىنىپ كەلگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئۇلار بېقىنغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى قوزىلارنى ئەۋەتكەن. كېيىن ئۇلار بېقىنىشنى رەت قىلغان (تەۋراتتىكى «2پاد.» 3-بابنى كۆرۈڭ). شۇڭا بېشارەتنىڭ مەنىسى، ئۇلارغا: — «سىلەر يەھۇداغا يەنە بېقىنىشىڭلار كېرەك؛ «قوزا»نى ئەۋەتىشىڭلار بىلەن ئىسرائىلنىڭ باشپاناھلىقىغا ئىگە بولىسىلەر» دېگەن بىر نەسىھەت، ياكى بولمىسا ئۆز-ئۆزلىرىگە دېگەن بىر سۆزمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە (5- ھەم 6-ئايەتكە قارىغاندا) ئۇلار ئاخىردا تەكەببۇرلۇقتىن شۇنداق قىلمىغان.
—«سېلا» بولسا قويلىرى كۆپ بىر رايون ئىدى.
2:16 **«موئاب قىزلىرى ئارنون دەرياسىنىڭ كېچىكلىرىدە ئالاقزادە يۈرىدۇ»** — ئارنون دەرياسى موئاب بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئوتتاق چېگرىسى ئىدى. موئاب قىزلىرى باشپاناھ ئىزدەپ ئىسرائىلغا ئۆتمەكچى. خەرىتىنى كۆرۈڭ.

**شۇ غېرىبلارنى يوشۇرۇپ قويغايسىز؛**
**قوغلانغانلارنى ئاشكارىلاپ قويمىغايسىز!**
**مېنىڭ موئابدىكى مۇساپىرلىرىمنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە تۇرغۇزغايسىز،**
**ئۇلار ئۈچۈن ۋەيران قىلغۇچىنىڭ ئالدىدا باشپاناھ بولغايسىز!».**

## خۇدانىڭ موئاب بەگلىرىگە بەرگەن ۋەدىسى

**5 «ئۆتۈنۈشۇڭلار توغرا، چۈنكى ئەزگۈچى يوقىلىدۇ،**
**ھالاكەت يوق بولىدۇ،**
**ئەزگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى زېمىندىن يوقىلىدۇ.**
**ئۆزگەرمەس مېھىر-شەپقەت بىلەن بىر تەخت تىكلىنىدۇ؛**
**«داۋۇتنىڭ چېدىرى» ئىچىدىكى شۇ تەخت ئۈستىدە بىرسى ئولتۇرىدۇ.**
**ئۇ بولسا، ھەقىقەتەن ئادالەت يۈرگۈزىدىغان، شۇنداقلا ئادالەتنى ئىزدەيدىغان،**

---

4:16 **«ئى زىئون قىزى، ... قوغلانغانلارنى ئاشكارىلاپ قويمىغايسىز!»** ــ بۇ سۆزلەر چوقۇم موئاب بەگلىرىنىڭ زىئوندىن باشپاناھلىق سورىشىنى كۆرسىتىدۇ.
—«**...مېنىڭ موئابدىكى مۇساپىرلىرىمنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە تۇرغۇزغايسىز، ... باشپاناھ بولغايسىز!»** ــ مۇشۇ سۆزلەر (يەنە 3- ۋە 4-ئايەتنىڭ بىرىنچى يېرىمى) بەلكىم موئابنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ (يەشايا پەيغەمبەر بېشارىتى بىلەن ئالدىنئالا ئېيتقان) سۆزلىرىدۇر. ئۇلار قوغلانغانلار ئۈچۈن ئىسرائىلدىن باشپاناھلىق سورايدۇ.
— 4-ئايەتنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 5-ئايەت بەلكىم خۇدانىڭ (يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق) بەرگەن جاۋابى. دېمەك، ئىسرائىل قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئارقىلىق موئاب ئۈچۈن باشپاناھ بولىدۇ (بىراق موئاب تەكەببۇرلۇقىدىن خۇدانىڭ ئىلتىپاتىنى رەت قىلىدۇ ـ تۆۋەندىكى 5-14-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).

**ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولىدۇ.**
**6 ــ بىز موئابنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى توغرىسىدا ئاڭلىدۇق (ئۇ ئىنتايىن ھاكاۋۇر!)،**
**يەنى ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، تەكەببۇرلۇقى، نوچىلىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاڭلىدۇق؛**
**بىراق ئۇنىڭ چوڭ گەپلىرى بىكار بولىدۇ!**
**7 شۇڭا موئاب موئاب ئۈچۈن زار يىغلايدۇ؛**
**ئۇلارنىڭ ھەممىسى زار-زار يىغلايدۇ؛**
**قايغۇ-ھەسرەتكە چۆمۈپ كىر-ھارەسەتنىڭ «كىشمىش پوشكاللىرى»**
**ئۈچۈن زار-زار يىغلاڭلار!**
**8 ھەشبون رايونىدىكى ئېتىزلار،**
**سىبماھدىكى ئۈزۈم تاللىرىمۇ يىگلەپ كېتىدۇ؛**
**ئەللەرنىڭ ئەمىرلىرى ئۇنىڭ سەرخىل ئۈسۈملۈكلىرىنى بۇزۇپ چەيلەيدۇ؛**
**ئۇلار ئەسلىدە يائازەرگىچە يېتىپ، چۆل-دالالارنى كەزگەنىدى؛**

---

5:16 **«ئۆتۈنۈشۈڭلار توغرا، چۈنكى ئەزگۈچى يوقىلىدۇ، ھالاكەت يوق بولىدۇ، ئەزگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى زېمىندىن يوقىلىدۇ»** ــ بۇ سۆزلەر، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ موئاب بەگلىرىگە بەرگەن ۋەدىسىدۇر. «ئۆتۈنۈشۈڭلار توغرا» دېگەن سۆز ئىبرانىي تېكىستىدە يوق. بىراق بىزنىڭچە «چۈنكى» دېگەن سۆز مۇشۇلارنىڭ مەنىسىنى ئىچىگە ئالىدۇ. خۇدا موئابنىڭ ئۆزىدىن باشپاناھلىقنى ئۆتۈنۈشىنى قارشى ئالىدىدىغانلىقىنى يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار تەكەببۇرلۇقتىن رەت قىلىدۇ. (6-14-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).
—**«داۋۇتنىڭ چېدىرى»** ــ كەلگۈسى ئىسرائىلغا ۋە ئالەمگە بولىدىغان مەسىھ-پادىشاھ چوقۇم داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن بولىدۇ. «داۋۇتنىڭ چېدىرى» ئەسلىدە يېرۇسالېمدا تىكىلىپ مۇھىم بىر ئىبادەت ئورنىنى («2سام.» 18:6)، ياكى داۋۇتنىڭ ئۆز ئۆيىنى كۆرسەتسە كېرەك.
**5:16** يەش. 6:9؛ دان. 14:7، 27؛ مك. 7:4؛ لۇقا 33:1
**6:16** يەر. 29:48، 30
7:16 **«كىر-ھارەسەت»** ــ 12-ئايەتتە «كىر-ھەرەس»مۇ دەپ ئاتىلىدۇ. **«كىشمىش پوشكاللىرى»** ــ «ھوش.» 3:1نى كۆرۈڭ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئۇلىرى».

پېلەكلىرى سوزۇلۇپ، «ئۆلۈك دېڭىز»نىڭ نېرىسىغا يەتتى.
9 شۇڭا مەن يائازەرنىڭ زار-يىغىسى بىلەن بىللە سىبماھنىڭ ئۈزۈم
تېلى ئۈچۈن يىغلايمەن؛
ئى ھەشبون، ئېلېئالاھ، ئۆز كۆز ياشلىرىم بىلەن سىلەرنى سۇغىرىمەن!
چۈنكى يازلىق مېۋىلىرىڭگە، ھوسۇلۇڭ ئۈستىگە تەنتەنە بىر سادا
ياڭرىتىلىدۇ.
10 خۇشاللىق مېۋىلىك باغلاردىن مەھرۇم قىلىنىپ،
شادلىقمۇ يوق قىلىنىدۇ؛
ئۈزۈمزارلىقلاردا نە ناخشا ئاۋازلىرى ئاڭلانمايدۇ،
نە تەنتەنە قىلىنمايدۇ؛
دەسسىگۈچىلەر ئۈزۈم كۆلچەكلىرىنى چەيلىمەيدۇ.
چۈنكى مەن ئۈزۈم كۆلچەكلىرىدىكى خۇشال ۋارقىراشلارنى
توختاتتىم.
11 شۇڭا ئىچ-باغرىلىرىم موئاب ئۈچۈن چالغان چىلتاردەك ئاغرىپ
مۇڭلۇق ياڭرايدۇ،

---

8:16 **«يائازەر»** ــ موئابنىڭ شىمالىي چېگراسىنىڭ نېرىسىدىراق، شەرق تەرىپى «چۆل-دالالار»، غەرب تەرىپى «(ئۆلۈك) دېڭىز». دېمەك، موئاب خىلۋەت جاي بولغىنى بىلەن خېلى يىراقلارغا تەسىرى بولغان بىر مەملىكەتكە ئايلانغان.

8:16 يەر. 32:48، 33

9:16 **«شۇڭا مەن يائازەرنىڭ زار-يىغىسى بىلەن بىللە سىبماھنىڭ ئۈزۈم تېلى ئۈچۈن يىغلايمەن»** ــ 10-ئايەتتىكى سۆزلىگۈچى خۇدا بولغانىكەن («مەن ..توختىتىمەن...»)، 9-ئايەتتىكى سۆزلىگۈچىمۇ شۈبھىسىزكى خۇدانىڭ ئۆزىدۇر. بۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. خۇدا يائازەردىكىلەرنى جازالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىبماھدىكى يوقاپ كەتكەن ئۈزۈمزارلار ئۈچۈن يىغلايدۇ. خۇدا ئۇلارنى جازالاشى بىلەن تەڭ ئۆزىمۇ قايغۇرىدۇ. **«ھوسۇلۇڭ ئۈستىگە تەنتەنە بىر سادا ياڭرىتىلىدۇ»** ــ ئادەتتە ھوسۇل ئالغاندا خۇشاللىقتىن ۋارقىراشلار بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق مۇشۇ يەردە، دۈشمەنلىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى تەنتەنە ۋارقىراشلار كۆرسىتىلىدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... ھوسۇلۇڭغا بولغان تەنتەنە ساداسى ياڭراشتىن توختىدى».

9:16 يەر. 32:48

10:16 **«دەسسىگۈچىلەر»** ــ ئۈزۈم شارابى چىقىرىش ئۈچۈن ئۈزۈملەرنى كۆلچەككە قويۇپ دەسسەيدىغان ئادەملەر.

ئىچىم كىر-ھەرەسىدىكىلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداق؛

[12] شۇنداق بولىدۇكى، موئاب ئۆزىنى ئۇپرىتىپ دۇئا قىلغىلى ئۆزىنىڭ

«يۇقىرى ئورنى»غا چىقىپ كەلگەندە،

ياكى دۇئا قىلغىلى «مۇقەددەس ئۆيى»گە كىرگەندە،

ئۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

[13] مانا مۇشۇ سۆزلەرنى پەرۋەردىگار موئاب توغرۇلۇق بۇرۇن ئېيتقان.

[14] بىراق ھازىر پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ

«ئۈچ يىل ئىچىدە مەدىكار ھېسابلىغاندەك،

موئابنىڭ كۆپلىگەن قوشۇن-ئاھالىسى بولغىنى بىلەن،

ئۇنىڭ پەخىرلەنگەن شۆھرىتى يەكسان بولىدۇ؛

ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى بولسا ئىنتايىن ئاز ۋە ھالسىز بولىدۇ».

## دەمەشق ۋە ئەفرائىم توغرۇلۇق بىر بېشارەت

17 [1] دەمەشق توغرۇلۇق يۈكلەنگەن ۋەھيي: ــ

مانا، دەمەشق شەھەر بولۇپ تۇرۇۋەرمەي، ناھايىتى بىر دۆۋە

خارابىلىققا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

[2] ئاروئەردىكى شەھەرلەر ئادەمزاتسىز بولۇپ،

قوي پادىلىرىغا قالدۇرۇلىدۇ،

ئۇلار تىنچ-ئامان ياتىدۇ،

ئۇلارنى قورقۇتقۇدەك ھېچبىر ئادەممۇ كۆرۈنمەيدۇ.

[3] ئەفرائىمدا بولسا، قورغانلىق شەھەرلەر يوقىلىدۇ،

دەمەشقنىڭ شاھانە ھوقۇقى،

سۇرىيەنىڭ قالدۇقلىرى يوقىلىدۇ؛

---

**12:16** قان. 37:32، 38، 39

**14:16** **«مەدىكار ھېسابلىغاندەك...»** ــ مەدىكار ئىشلىگەن ۋاقتىنى ئىنتايىن توغرىلىق بىلەن ھېسابلايدۇ، ئەلۋەتتە ــ دېمەك، مۇشۇ «ئۈچ يىل»، كەممۇ ئەمەس، ئارتۇقمۇ ئەمەس دەل ئۈچ يىلنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇلار «ئىسرائىلنىڭ شۆھرىتى»دەك يوق بولىدۇ.**
**دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.**
**[4] شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، ياقۇپنىڭ شۆھرىتى سۇسلىشىپ،**
**تېنىدىكى سېمىز ئەتلەر سىزىپ كېتىدۇ.**
**[5] ئۇلارنىڭ ھالى بولسا ئورمىچى بۇغداي ئورغاندىن كېيىن،**
**يەنى بىلىكى بىلەن يىغىپ ئورغاندىن كېيىن،**
**ھەتتا رەفايىم جىلغىسىدا ئادەملەر باشاقلارنى تەرگەندىن كېيىنكى**
**ھالەتكە ئوخشاش، قالغىنى يوق دېيەرلىك بولىدۇ؛**
**[6] ھالبۇكى، يەنە ئازراق تەرگۈدەك باشاق،**
**زەيتۇن دەرىخى سىلكىنگەندىن كېيىن،**
**ئەڭ ئۇچىدا ئىككى-ئۈچ تال مېۋە،**
**كۆپ مېۋىلىگەن شاخلىرىدا تۆت-بەش تال مېۋە قالدۇرۇلىدۇ،**
**دەيدۇ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار.**
**[7] — شۇ كۈنى ئىنسان بولسا ياراتقۇچىسىغا نەزىرىنى تىكىدۇ،**
**كۆزى ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىدا بولىدۇ.**
**[8] ئۇلار ئۆز قۇربانگاھلىرىغا، يەنى ئۆز قولى بىلەن ياسىغانلىرىغا،**
**ياكى بارماقلىرى بىلەن شەكىللەندۈرگەنلىرىگە ھېچ قارىمايدۇ،**

---

**3:17 «ئۇلار «ئىسرائىلنىڭ شۆھرىتى»دەك يوق بولىدۇ»** — سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا، «ئۇلار ئىسرائىلنىڭ شۆھرىتىدەك بولىدۇ». ئويلايمىزكى، مۇشۇ سۆز كىنايىلىك گەپ بولۇپ: — «شۆھرىتى يوق» دېگەنلىك (4-ئايەتنى كۆرۈڭ). بەزى ئالىملار، كەلگۈسىدە ئىسرائىلنىڭ شۆھرىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، شۇڭا دەمەشقنىڭمۇ شۆھرىتى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**5:17 «ئۇلارنىڭ ھالى بولسا ئورمىچى بۇغداي ئورغاندىن كېيىن، يەنى بىلىكى بىلەن يىغىپ ئورغاندىن كېيىن، ... قالغىنى يوق دېيەرلىك بولىدۇ»** — دېمەك، ئورمىچى ئەگەر بىلىكىنى ئىشلىتىپ ئورسا، ناھايىتى ئاز باشاقلار قېلىپ قالىدۇ؛ رەفايىم (رەفايىلارنىڭ) جىلغىسى يېرۇسالېمنىڭ جەنۇب تەرىپىدە، ئۇ يەرگە كەمبەغەللەر بېرىپ ئورمىچىلار قالدۇرغان بۇغداينى تېرەتتى؛ ئەلۋەتتە تەرگەندىن كېيىن قالغان بۇغداي «يوق دېيەرلىك» بولىدۇ؛ خۇدانىڭ جازاسى بىلەن ئەفرائىمنىڭ ئادەملىرى، شۆھرىتى، ھەممىسى ئوخشاشلا «يوق دېيەرلىك» بولىدۇ.

—مۇشۇ بالايىئاپەتلەر ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق تاجاۋۇزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلدى. ئاخىرىدا ئاسۇرىيە ئەفرائىمدىكى كۆپ ئاھالىنى سۈرگۈن قىلدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 722-يىلى).

**نە «ئاشەراھ»لارغا نە «كۈن تۈۋرۈكلىرى»گە ھېچ ئۈمىد باغلىمايدۇ.**
**9 شۇ كۈندە ئۇنىڭ قورغانلىق شەھەرلىرى،**
**ئەسلىدىكى ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا چاتقاللىققا ۋە تاقىر تاغلارغا**
**ئايلاندۇرۇلغان خارابە شەھەرلەردەك،**
**ھەممىسى ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ.**
**10 چۈنكى نىجاتىڭ بولغان خۇدانى ئۇنتۇپ قالدىڭ،**
**كۈچۈڭ بولغان «قورام تاش بولغۇچى»نى ئەسلىمىدىڭ؛**
**شۇڭا سەن «سەرخىل» ئۆسۈملۈكلەرنى تىكىپ قويغىنىڭ بىلەن،**
**ۋە ياقا يۇرتتىكى ئۈزۈم تاللىرىنى تىككىنىڭ بىلەن،**
**11 ئۇلارنى تىككەن كۈنىلا ياشارتقىنىڭ بىلەن،**
**تىككەن ئەتىسىلا ئۇلارنى چېچەكلەتكىنىڭ بىلەن،**
**ھوسۇلىغا ئېرىشكەن كۈندە، ئۇ پەقەت بىر پاتمان داۋالىغۇسىز قايغۇ-ھەسرەت بولىدۇ، خالاس!**

---

8:17 **«ئۇلار ئۆز قۇربانگاھلىرىغا... نە «ئاشەراھ»لارغا نە «كۈن تۈۋرۈكلىرى»گە ھېچ ئۈمىد باغلىمايدۇ»** ـــ مۇشۇ ئايەتتىكى قۇربانگاھلار ۋە «كۈن تۈۋرۈكلىرى»، شۈبھىسىزكى، بۇتلارغا چوقۇنۇشتا ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر. «ئاشەراھلار» دېگەن بۇتلار بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەر ئىدى. دەرەخلەر بەلكىم «ئايال مەبۇد» شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولسا كېرەك. ئادەملەرنىڭ خىياللىرىدا، مۇشۇ مەبۇد «زېمىننى مۇنبەتلىك قىلارمىش» ۋە «ئاياللارنى تۇغۇمچان قىلارمىش». بۇلارغا چوقۇنۇش ئادەتلىرىنىڭ ھەرخىل جىنسىي ئەخلاقسىزلىق بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

—شۇ سۆزلەرگە قارىغاندا ئاز بىر قىسىم ئەفرائىمدىكىلەر خۇداغىلا ئۈمىد-ئىشەنچ باغلايدۇ. بېشارەتنىڭ بىر قېتىملىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى «2تار.» 30-31-بابتىن، 9:34-ئايەتتىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

9:17 **«ئەسلىدىكى ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا چاتقاللىققا ۋە تاقىر تاغلارغا ئايلاندۇرۇلغان خارابە شەھەرلەردەك...»** ـــ مۇشۇ كونا «خارابە شەھەرلەر»، يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىسرائىللار خۇداغا تايىنىپ زېمىننى ئىشغال قىلغاندا ۋەيران قىلىنغانىدى. شۇ خارابە كونا شەھەرلەر ئۇلارغا خۇداغا تايىنىش كېرەكلىكىنى ئەسلىتىشى كېرەك ئىدى.

10:17 **«شۇڭا سەن «سەرخىل» ئۆسۈملۈكلەرنى تىكىپ قويغىنىڭ بىلەن، ۋە ياقا يۇرتتىكى ئۈزۈم تاللىرىنى تىككىنىڭ بىلەن،...»** ـــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۆسۈملۈكلەر» خۇراپىيلىق بىلەن تىكىلگەن، ئادەمنى باي قىلىدىغان ياكى راۋاج تاپقۇزىدىغان «سېھرىي ئۆسۈملۈكلەر»مىش.

11:17 **«ھوسۇلىغا ئېرىشكەن كۈندە، ئۇ پەقەت بىر پاتمان داۋالىغۇسىز قايغۇ-ھەسرەت بولىدۇ، خالاس!»** ـــ پۈتكۈل ئايەتنىڭ باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن.

12 ھەي! كۆپ خەلقلەرنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى!
ئۇلار دېڭىز-ئوكيانلارنى ئۆرگۈتۈپ دولقۇنلاردەك شاۋقۇنلارنى كۆتۈرىدۇ،
ئاھ، ئەللەرنىڭ قاينام-تاشقىنلىرى!
دولقۇنلانغان كۈچلۈك سۇلاردەك ئۇلار قاينام-تاشقىنلارنى كۆتۈرىدۇ.
13 ئەللەر ئۇلۇغ سۇلارنىڭ قاينام-تاشقىنلىرىدەك دولقۇنلىنىپ كېتىدۇ؛
بىراق ئۇ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىشى بىلەنلا، ئۇلار يىراققا بەدەر قېچىپ كېتىدۇ.
ئۇلار تاغدىكى ئوت-چۆپلەرنىڭ توپا-توپانلىرى شامالدا يىراقلارغا ئۇچۇرۇۋېتىلگەندەك،
قارا قۇيۇن ئالدىدا چاڭ-توزاڭلار قۇيۇن بولغاندەك ھەيدىۋېتىلىدۇ!
14 كەچتە ــ ۋەھىمە!
تاڭ سەھەردە ــ يوق بىراق!
مانا بىزنى بۇلاپ كەتكەنلەرنىڭ نېسىۋىسى،
بىزدىن ئولجا-غەنىيمەت ئېلىۋالغانلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر!

## يەشايانىڭ ئېفىئوپىيەدىن كەلگەن ئەلچىلەرگە بەرگەن بېشارىتى

18 1-2 ئاھ، ئېفىئوپىيە دەريالىرىنىڭ بويلىرىدىكى قاناتلارنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازلىرى بىلەن قاپلانغان يەر-زېمىن! ــ
سەن قومۇش كېمىلەر ئۈستىدە ئەلچىلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ ئەۋەتىسەن؛
ئى يەل تاپان خەۋەرچىلەر،
ئېگىز بويلۇق ھەم سىلىق تېرىلىك بىر ئەلگە،
يىراق-يېقىنلارغا قورقۇنچ بولىدىغان بىر مىللەتكە،
زېمىنى دەريالار تەرىپىدىن بۆلۈنگەن،

13:17 ئايۇپ 18:21؛ زەب. 1:4؛ 5:35؛ 83:13-15؛ ھوش. 3:13

**كۈچلۈك، تاجاۋۇزچى بىر ئەلگە قايتىپ بېرىڭلار!**
3 **جاھاندا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى،**
**جىمىكى يەر يۈزىدىكىلەر!**
**تاغلاردا بىر تۇغ كۆتۈرۈلگەندىلا،**
**كۆرۈڭلار!**
**كاناي چېلىنغاندىلا،**
**ئاڭلاڭلار!**
4 **چۈنكى پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: —**
**مەن تىنچلىقتا تۇرىمەن،**
**نۇر ئۈستىدە يالىلداپ تۇرغان ئىسسىقتەك،**
**ئىسسىق ھوسۇل مەزگىلىدىكى شەبنەملىك بۇلۇتتەك،**

2-1:18 **«ئاھ، ئېفىئوپىيە دەريالىرىنىڭ بويلىرىدىكى قاناتلارنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازلىرى بىلەن قاپلانغان يەر-زېمىن!»** — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 715-يىلى، ئېفىئوپىيەنىڭ پادىشاھى پىئانقى مىسىرنى ئىشغال قىلىپ يېڭى بىر سۇلالىنى (مىسىردىكى 25-سۇلالە) بەرپا قىلغاندىن كېيىن، ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە قارشى بىر ئىتتىپاقنى شەكىللەندۈرۈش ئۈمىدىدە، ئوتتۇرا شەرقتىكى بارلىق دۆلەتلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. مۇشۇ بابتا يەشايا ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنى قايتۇرماقچى بولۇپ، يۇقىرىقى خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. **«ئى يەل تاپان خەۋەرچىلەر، ئېگىز بويلۇق ھەم سىلىق تېرىلىك بىر ئەلگە، ...زېمىنى دەريالار تەرىپىدىن بۆلۈنگەن، كۈچلۈك، تاجاۋۇزچى بىر ئەلگە قايتىپ بېرىڭلار!»** — يەشايا پەيغەمبەر ئەلچىلەرنى ئۆز دۆلىتىگە (ئېفىئوپىيىلىكلەر ئېگىز بويلۇق، سىلىق تېرىلىك، ئەشەددىي بىر خەلق ئىدى) قايتىشنى دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ ئۇلار ئارقىلىق يەنە، كەلگۈسىدە پۈتكۈل دۇنيا پەرۋەردىگارغا بويسۇنىدۇ، دەپ جاكارلىماقچى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇ يېرۇسالېمدىكىلەرگە مۇشۇ ئىتتىپاقنىڭ پايدىسىزلىقىنى، پەرۋەردىگارغا تايانمىسا ھەممە ئىشلىرىنىڭ قۇرۇق بولىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە.

3:18 **... «تۇغ» ... «كاناي»** — بۇلارنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، 11-باب ھەم 27-بابنى كۆرۈڭ. «تۇغ» ھەم كۆتۈرۈلۈش بەلگىسى ھەم دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كاناي خۇدانىڭ ئۆز قوۋمىنى ئۆزىگە چاقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆز تۇرالغۇمدا كۆزىتىمەن؛**
**5 چۈنكى ھوسۇل ئېلىش ئالدىدا،**
**ئۈزۈم چېچەكلىگەندىن كېيىن،**
**چېچەكلەر ئۈزۈم بولغاندا،**
**ئۇ پۇتىغۇچى پىچاقلار بىلەن بىخلارنى كېسىپ،**
**ھەم شاخلىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ.**
**6 ئۇلار يىغىشتۇرۇلۇپ تاغدىكى ئالغۇر قۇشلارغا،**
**يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارغا قالدۇرۇلىدۇ.**
**ئالغۇر قۇشلار ئۇلاردىن ئوزۇقلىنىپ يازنى ئۆتكۈزىدۇ،**
**يەر يۈزىدىكى ھايۋانلار ئۇلار بىلەن قىشنى ئۆتكۈزىدۇ.**
**7 شۇ كۈنىدە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا بىر سوۋغات ئېلىپ كېلىنىدۇ؛**
**يەنى ئېگىز بويلۇق ھەم سىلىق تېرىلىك بىر مىللەتتىن،**
**يىراق-يېقىنلارغا قورقۇنچ بولىدىغان بىر ئەلدىن،**
**زېمىنى دەريالار تەرىپىدىن بۆلۈنگەن،**

---

4:18 **«مەن تىنچلىقتا تۇرىمەن، نۇر ئۈستىدە يالىلداپ تۇرغان ئىسسىقتەك، ئىسسىق ھوسۇل مەزگىلىدىكى شەبنەملىك بۇلۇتتەك، ئۆز تۇرالغۇمدا كۆزىتىمەن»** ــ ئىسسىق ھەم شەبنەم گاھىدا كۆرۈنمىگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھوسۇلغا بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. خۇدامۇ ئوخشاشلا دائىم «تىنچ» ھەم كۆرۈنمەيدۇ؛ ئۇ ھېچنېمىنى دېمىگەندەك ياكى قىلمىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلار خۇداسىز قىلىنغاندەك بولغىنى بىلەن (دېمەك، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى شۇ ئىشلارغا كېرەك ئەمەستەك تۇرغىنى بىلەن)، خۇدا ھامان ئۆز خەلقى بىلەن بىللە بولىدۇ، ھەممە ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ ھەم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قولىنى سوزىدۇ (5- ھەم 6-ئايەتنى كۆرۈڭ).
5:18 **«ھوسۇل ئېلىش ئالدىدا، ... چېچەكلەر ئۈزۈم بولغاندا، ئۇ پۇتىغۇچى پىچاقلار بىلەن بىخلارنى كېسىپ، ھەم شاخلىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ»** ــ دېمەك، مۇشۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمدارلار «ھوسۇل، يەنى دۇنيادىكى بارلىق ئەل-يۇرتلار بىزنىڭكى» دېگەندە، خۇدا تۇيۇقسىز ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۇلارنى يەرگە قارىتىپ قويىدۇ.
6:18 **«...ئالغۇر قۇشلار ئۇلاردىن ئوزۇقلىنىپ يازنى ئۆتكۈزىدۇ، يەر يۈزىدىكى ھايۋانلار ئۇلار بىلەن قىشنى ئۆتكۈزىدۇ»** ــ بۇ ئىش ۋاقىتلىق ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمدارلاردىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش-جېدەللىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇنيادىكى ھايۋانلارغا تۈگىمەس ئاراملىق بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كۈچلۈك، تاجاۋۇزچى بىر مىللەتتىن بىرىلىدۇ؛
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى پەرۋەردىگارنىڭ نامى بولغان جايغا،
يەنى زىئون تېغىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ.

## مىسىر جازالىنىپ، تەربىيە بېرىلىپ ساقايتىلىدۇ ۋە خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ

19 [1] مىسىر توغرۇلۇق يۈكلەنگەن ۋەھىي: ــ
مانا، پەرۋەردىگار تېز ئۇچىدىغان بۇلۇت ئۈستىگە مىنىپ،
مىسىرغا يېتىپ كېلىدۇ؛
مىسىردىكى بۇتلار ئۇنىڭ ئالدىدا تەۋرىنىپ كېتىدۇ،
مىسىرنىڭ يۈرىكى بولسا ئىچىدىن ئېرىپ كېتىدۇ.
[2] ــ «ۋە مەن مىسىرلىقلارنى بىر-بىرىگە قارشى قۇترىتىمەن؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قېرىنداشلىرىغا قارشى تۇرىشىدۇ،
ئۆز قوشنىلىرى بىلەنمۇ سوقۇشىدۇ؛
شەھەر بىلەن شەھەر،
پادىشاھلىق بىلەن پادىشاھلىق بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇشىدۇ؛
[3] ۋە مىسىرنىڭ روھى ئۆز ئىچىدىن يوقاپ كېتىدۇ؛
مەن ئۇلارنى مەسلىھەتسىز قالدۇرىمەن؛
شۇڭا ئۇلار بۇتلارنى ۋە ئەرۋاھلارنى،
ئەرۋاھلارنى چاقىرغۇچىلارنى ھەم پالچىلارنى ئىزدەپ مەسلىھەت سورايدۇ؛
[4] مەن مىسىرلىقلارنى رەھىمسىز بىر ھۆكۈمرانىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛
ئەشەددىي بىر پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ» ــ

---

7:18 **«شۇ كۈندە ... پەرۋەردىگارغا بىر سوۋغات ئېلىپ كېلىنىدۇ... پەرۋەردىگارنىڭ نامى بولغان جايغا، يەنى زىئون تېغىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ»** ــ دېمەك، ئېفىئوپىيەلىكلەر خۇدانى تونۇيدۇ ھەم خۇداغا قىلغان ئىبادەتنى قوبۇل قىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار مۇشۇ يەردە ئۆزلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە ۋەكىل بولۇپ، پەرۋەردىگارغا بېقىنىدۇ.

دەپ جاكارلايدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار؛
5 ھەم سۇلار «دېڭىز»دىن يوقايدۇ،
دەرياسى قاغجىراپ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدۇ؛
6 دەريالارنى سېسىقچىلىق قاپلايدۇ،
مىسىرنىڭ ئۆستەڭ-قاناللىرى قاغجىراپ تۈگەيدۇ؛
قومۇشلار ھەم يېكەنلەر سولىشىدۇ؛
7 نىل دەرياسى بويىدىكى يەرلەر،
نىل دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئاغزىدىكى يەرلەر گىياھسىز قالىدۇ،
نىل دەرياسى بويىدىكى زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ، توزۇپ، يوقىلىدۇ.
8 بېلىقچىلار بولسا زار قاقشايدۇ؛
نىل دەرياسىغا قارماق تاشلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى نالە كۆتۈرىدۇ؛
سۇلارنىڭ ئۈستىگە تور يايغۇچىلارنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كېتىدۇ.
9 زىغىرچىلار ھەم لىباس توقۇغۇچىلار خىجالەتچىلىكتە قالىدۇ،
10 جەمئىيەتنىڭ «تۈۋرۈك»لىرى پارە-پارە بولۇپ،
مەدىكارلارنىڭ كۆڭلىمۇ يېرىم بولىدۇ.
11 تولىمۇ ئەخمەق زوئان شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى!
پىرەۋننىڭ ئەڭ دانا مەسلىھەتچىلىرىدىن ئەخمىقانە مەسلىھەتلەر چىقىدۇ!
سىلەر قانداقمۇ پىرەۋنگە: ــ
«مەن بولسام دانالارنىڭ ئەۋلادى،

**4:19 «مەن مىسىرلىقلارنى رەھىمسىز بىر ھۆكۈمرانىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن...»** ــ مۇشۇ بېشارەتنى بەلكىم ئاۋۋال ئېفئوپىيەلىك پىئانقى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 715-يىلى)، ئاسۇرىيەلىك سارگون (20-بابنى كۆرۈڭ)، ئاسۇرىيەلىك سەنناخېرىب ۋە ياكى كېيىنكى پارس پادىشاھلىرى كامبىسىس (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 525-يىلى)، ئاندىن ئاتاكسەركسىس (III) «ئوقۇس» قاتارلىقلار (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 343-يىلى) تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىدى.
**5:19 «سۇلار «دېڭىز»دىن يوقايدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە «دېڭىز» نىل دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ نەسلىدۇرمەن!» ــ دەۋاتقانسىلەر تېخى؟
12 مىسىر، سېنىڭ دانىشمەنلىرىڭ ھازىر قېنى؟
ئۇلار دانىشمەن بولسا، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مىسىر توغرۇلۇق نىيەتلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى ساڭا ئايان قىلسۇن!
13 زوئان شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى نادانلاشتى،
مەمفىس شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئالدىنىپ كەتتى؛
مىسىر قەبىلىلىرىنىڭ «بۇرجەك تاش»لىرى بولسا ئۇلارنى ئېزىقتۇرۇپ قويدى.
14 پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر قايمۇقتۇرغۇچى روھنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى؛
شۇڭا بىرسى مەست بولۇپ ئۆز قۇسۇقىدا تېيىلىپ ئەلەڭ-سەلەڭ بولغاندەك،
ئۇلار مىسىردىكىلەرنى ھەربىر ئىشىدا ئەلەڭ-سەلەڭ قىلىۋەتتى.
15 شۇنىڭ بىلەن مىسىرغا،
باش، قۇيرۇق، پالما شېخى ياكى قومۇشلار قىلالىغۇدەك ھېچقانداق ئامال قالمايدۇ.
16 شۇ كۈنى مىسىردىكىلەر قىز-ئاياللارغا ئوخشاپ قالىدۇ،
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار قولىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تەڭلىشى بىلەن تىترەپ قورقىدۇ،

---

11:19 **«پىرەۋن»** ــ مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ دەۋر-دەۋرگىچە ئىشلەتكەن ئۇنۋانى. **«مەن بولسام... قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ نەسلىدۇرمەن!»** ــ مىسىرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە، پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى يۇقىرى تەبىقىلىك ياكى پادىشاھ جەمەتىدىن بولۇشى كېرەك ئىدى.
13:19 **«مەمفىس»** ــ ياكى «نوف». **«مىسىر قەبىلىلىرىنىڭ «بۇرجەك تاش»لىرى»** ــ بەلكىم مىسىر جەمئىيىتىدىكى مۆتىۋەرلەردۇر.
15:19 **«باش، قۇيرۇق، پالما شېخى، قومۇش»** ــ بەلكىم مىسىر جەمئىيىتىدىكى ھەرخىل تەبىقىدىكى ئادەملەرنى بىلدۈرىدۇ.
**15:19** يەش. 13:9

**[17] ھەمدە يەھۇدا زېمىنى بولسا مىسىرغا ۋەھىمە بولۇپ قالىدۇ؛**
**چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگارنىڭ**
**بېكىتكەن ئىرادىسى تۈپەيلىدىن،**
**يەنى ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىلغان ئىرادىسى تۈپەيلىدىن،**
**كىمگە يەھۇدانىڭ گېپى قىلىنسىلا شۇ چۆچۈيدۇ.**
**[18] شۇ كۈنى قانائاننىڭ تىلى سۆزلەيدىغان،**
**ۋە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا بېقىنىپ**
**سادىقلىق قەسىمى قىلىدىغان مىسىرنىڭ بەش شەھىرى بولىدۇ؛**
**ئۇلاردىن بىرى «ھالاك شەھىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.**
**[19] شۇ كۈنى مىسىرنىڭ زېمىنى ئوتتۇرىسىدا پەرۋەردىگارغا ئاتالغان**
**بىر قۇربانگاھ،**
**ھەم چېگراسىدا پەرۋەردىگارغا ئاتالغان بىر تۈۋرۈك بولىدۇ.**
**[20] بۇلار بولسا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا ھەم**
**بەلگە ھەم شاھىت بولىدۇ؛**
**چۈنكى ئەزگۈچىلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار پەرۋەردىگارغا نالە كۆتۈرگەن**
**بولىدۇ؛**
**ئۇ ئۇلارنى ئەركىنلىككە چىقىرىدىغان بىر قۇتقۇزغۇچى ھەم**
**قوغدىغۇچىنى ئەۋەتىدۇ.**

---

18:19 **«قانائاننىڭ تىلى»** ــ «قانائان» پەلەستىن، يەنى ئىسرائىلنىڭ زېمىنى، ھازىرقى «ئىسرائىلىيە»نى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىبرانىي تىلىنى سۆزلىشىدۇ.

**18:19** قان. 20:10؛ يەر. 16:12

20:19 **«بۇلار .. پەرۋەردىگارغا ھەم بەلگە ھەم شاھىت بولىدۇ؛ چۈنكى ئەزگۈچىلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار پەرۋەردىگارغا نالە كۆتۈرگەن بولىدۇ؛ ئۇ ئۇلارنى ئەركىنلىككە چىقىرىدىغان بىر قۇتقۇزغۇچى ھەم قوغدىغۇچىنى ئەۋەتىدۇ...»** ــ (18-22-ئايەتلەر) ــ مۇشۇ ئايەتلەردىكى بېشارەت بەلكىم ئاخىرقى زاماندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بەزى ئالىملار بېشارەتلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4-1-ئەسىرلەردە «قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان» دەپ قارايدۇ. شۇ زامانلاردا مىسىر نۇرغۇن يەھۇدىي مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا مىسىرنىڭ چېگرىسىغا يېقىن جايدا يېڭى بىر ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا يول قويدى ۋە ھەتتا ئۇنى قۇرۇشقا ياردەم بەردى. مىلادىيەدىن كېيىن مىسىردىكى مەسىھىي جامائەتلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان.

**21 پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارغا تونۇتۇلۇپ ئايان قىلىنىدۇ؛**
**شۇ كۈنى مىسىر پەرۋەردىگارنى تونۇيدۇ؛**
**ئۇلار ئۇنىڭغا قۇربانلىق ئاشلىق ھەدىيەلىرى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ؛**
**ئۇلار پەرۋەردىگارغا قەسەم ئىچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ.**
**22 پەرۋەردىگار مىسىرنى ئۇرىدۇ؛ ئۇ ئۇلارنى ئۇرىدۇ ھەم ساقايتىدۇ؛**
**شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا قايتىدۇ،**
**ئۇ ئۇلارنىڭ دۇئا-تىلاۋەتىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى ساقايتىدۇ.**
**23 شۇ كۈنى مىسىردىن ئاسۇرىيەگە ماڭىدىغان، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تۈز يول ئېچىلىدۇ؛**
**ئاسۇرىيەلىكلەر مىسىرغا كىرىدۇ، مىسىرلىقلار ئاسۇرىيەگە كىرىدۇ؛**
**مىسىر ئاسۇرىيە بىلەن بىللە خۇدانىڭ خىزمەت-ئىبادىتىدە بولىدۇ.**
**24 شۇ كۈنى ئىسرائىل مىسىر ۋە ئاسۇرىيە بىلەن بىر بولۇپ،**
**ئۈچىسى، يەر يۈزىدىكىلەرگە بەخت يەتكۈزگۈچىلەر بولىدۇ.**
**25 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلىپ: ــ**
**«خەلقىم بولغان مىسىرغا،**
**ئۆز قولۇمنىڭ ئىجادى بولغان ئاسۇرىيەگە**
**ۋە ئۆز مىراسىم بولغان ئىسرائىلغا بەخت يار بولسۇن!» ــ دەيدۇ.**

---

**21:19** مال. 11:1

23:19 **«شۇ كۈنى مىسىردىن ئاسۇرىيەگە ماڭىدىغان، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تۈز يول ئېچىلىدۇ...»** ــ مۇشۇ يول ھېلىھەم مەۋجۇت. بىراق ئىسرائىل ھەم مىسىر ۋە سۇرىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشى بولمىغاچقا، يول ئۇزۇندىن بۇيان ئېتىكلىك ھالەتتە تۇرماقتا.

25:19 **«خەلقىم بولغان مىسىرغا، ئۆز قولۇمنىڭ ئىجادى بولغان ئاسۇرىيەگە ۋە ئۆز مىراسىم بولغان ئىسرائىلغا بەخت يار بولسۇن!»** ــ پىكرىمىزچە مۇشۇ بېشارەتنىڭ (1-25-ئايەتلەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى («شۇ كۈنى مىسىردىكىلەر قىز-ئاياللارغا ئوخشاپ قالىدۇ...» يەنى 16-ئايەتتىن باشلاپ) تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان. يەشايانىڭ دەۋرىدىكىلەر ئۈچۈن، بۇ بېشارەت ئۇلارنىڭ مىسىرغا قوشۇلۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن؛ بۇنداق قىلىش پەرۋەردىگارغا ئىشەنمەسلىككە باراۋەر. بېشارەتتە، ئۇلار مىسىرغا ئەمەس، بەلكى مىسىر ئۆزلىرىگە بېقىندى بولىدۇ، دېيىلىدۇ. ئاخىردا خۇدا مىسىرلىقلارنى ئىسرائىللار قورقىدىغان ئاسۇرىيەلىكلەر بىلەن بىللە ئۆزىگە، شۇنداقلا ئىسرائىلغا بېقىندۇرىدۇ.

# مىسىر توغرۇلۇق يەنە بىر بېشارەت

20 [1] ئاسسۇرىيەنىڭ سەردارى بولغان «تارتان» ئاشدود شەھىرىگە كېلىپ مۇھاسىرە قىلغان يىلى ئاسسۇرىيە پادىشاھى سارگون ئۇنى ئەۋەتكەن (ئۇ ئاشدودقا قارشى جەڭ قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلدى): ــ

[2] ــ شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا ئارقىلىق سۆز قىلغانىدى.

ئۇ ئۇنىڭغا: ــ

«چاتىرىقىڭدىن بۆز ئىچ تامبىلىڭنى سېلىۋەت، پۇتۇڭدىكى كەشىڭنى سېلىۋەت» ــ دېگەنىدى؛

ئۇ شۇنداق قىلدى؛ يالىڭاچ ۋە يالاڭ ئاياغ مېڭىپ يۈردى.

[3] ۋە پەرۋەردىگار ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ــ

«مېنىڭ قۇلۇم يەشايا مىسىر ۋە ئېفىئوپىيە توغرۇلۇق خەۋەر بېرىدىغان بېشارەت ھەم كارامەت سۈپىتىدە بولۇش ئۈچۈن يالىڭاچ

---

1:20 **«ئاسسۇرىيەنىڭ سەردارى بولغان «تارتان» ئاشدود شەھىرىگە كېلىپ مۇھاسىرە قىلغان يىلى»** ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 715-يىلى فىلىستىيلەرنىڭ بىر پايتەختى بولغان ئاشدود مىسىرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسىدىكى ئاسارەتلەرنى بۇزۇپ ئىسيان كۆتۈردى. ئىككى يىل ئىچىدە ئۇلار يەنە مەغلۇپ بولدى. مىسىر توختىماي ئۇلارنى قۇترىتىپ، قورالliق ياردەم بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، ئەلچىلەرنى مۇئابقا، ئېدوم ھەم يەھۇداغا ئەۋەتتى، ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە قارشى بىر ئىتتىپاقنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولدى. بىراق مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 711-يىلى ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسى ئاشدود شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. مىسىر ئۇلارغا ھېچ ياردەم قىلمىدى. خۇدا يەشايا ئارقىلىق ئىسرائىلغا خۇداسىز، تايانچىسىز مىسىرغا تايىنىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھەم مۇنداق قىلىشنىڭ بىھۇدە ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

2:20 **«شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا ئارقىلىق سۆز قىلغانىدى..»** ــ مۇشۇ 20-بابتىكى بېشارەت ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى كۆرگەن كىشىلەر يۇقىرىقى 19-بابتىكى ئاخىرقى زامانلارنى كۆرسىتىدىغان (ئاسسۇرىيە ۋە مىسىر توغرۇلۇق) بېشارەتنىڭ ئاخىرىدا مۇقەررەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىدىن ھېچ گۇمان قىلماسلىقى كېرەك. **«پەرۋەردىگار ... ئۇنىڭغا: ــ «چاتىرىقىڭدىن بۆز ئىچ تامبىلىڭنى سېلىۋەت...» دېگەنىدى. ئۇ شۇنداق قىلدى؛ يالىڭاچ ۋە يالاڭ ئاياغ مېڭىپ يۈردى»** ــ بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، يەشايا ئادەتتە بۆز كىيىم كىيىپ يۈرىدىغان بولۇشى مۇمكىن. يەشايانىڭ ھەقىقەتەن «قىپيالىڭاچ» ياكى پەقەت «كالتە ئىشتانلىق» ئىكەنلىكىگە بىر نىمە دېيىش تەس.

ھەم يالاڭ ئاياغ ئۈچ يىل مېڭىپ يۈرگەندەك، [4] ئوخشاشلا مىسىرلىق
ئەسىرلەر ۋە ئېفىئوپىيەلىك سۈرگۈنلەر ياش بولسۇن، قېرى بولسۇن،
يالىڭاچ ھەم يالاڭ ئاياغ، كاسىسى ئوچۇق ھالدا ئاسۇرىيە پادىشاھى
تەرىپىدىن مىسىرنى شەرمەندىلىكتە قالدۇرۇپ، يالاپ ئېپكېتىلىدۇ.
[5] ئۇلار بولسا قورقۇشۇپ، ئۆز تايانچىسى بولغان ئېفىئوپىيەدىن ۋە
پەخرى بولغان مىسىردىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. [6] شۇنىڭ بىلەن
بۇ دېڭىز بويىدىكىلەر: —
«مانا بۇ ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ ۋەسۋەسىدىن قورقۇپ باشپاناھلىق
ئىزدەپ بارغان تايانچىمىزغۇ، بىزلەر ئەمدى قانداقمۇ قۇتۇلالايمىز؟»
— دېيىشىدۇ»».

## بابىل توغرىسىدا يەنە بىر بېشارەت

21 [1] «دېڭىزنىڭ چۆل-باياۋانى» توغرىسىدا يۈكلەنگەن بىر
ۋەھىي: —
«جەنۇب تەرەپتە قويۇنتازلار ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك،
دەھشەتلىك زېمىندىن بىر نېمىلەر كېلىۋاتىدۇ!».

---

4:20 **«مىسىرلىق ئەسىرلەر ۋە ئېفىئوپىيەلىك سۈرگۈنلەر ياش بولسۇن، قېرى بولسۇن... كاسىسى ئوچۇق ھالدا ئاسۇرىيە پادىشاھى تەرىپىدىن ... يالاپ ئېپكېتىلىدۇ»** — شۇ بېشارەت بەلكىم 701-يىلى، يەنى ئاسۇرىيە بىلەن مىسىر سوقۇشقان ئەلتەكەھ دېگەن يەردە بولغان جەڭدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئاسۇرىيە مىسىردىكى ھەم ئېفىئوپىيەدىكى نۇرغۇن ئەسىرلەرنى ئېپكەتكەن.

6:20 **«بۇ دېڭىز بويىدىكىلەرى** — فىلىستىيەلىكلەر ھەم يەھۇدالىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

1:21 **«دېڭىزنىڭ چۆل-باياۋانى»** — بابىلنى كۆرسىتىدۇ (9-ئايەتنى كۆرۈڭ). «دېڭىز» بولسا، مۇشۇ يەردە بابىل شەھىرى جايلاشقان، ناھايىتى كەڭ ئەفرات دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى نېمىشقا «دېڭىزنىڭ چۆل-باياۋانى» دېيىلىدۇ؟ يەشايا بەلكىم بابىلنى كىنايىلىك گەپ بىلەن مازاق قىلىدۇ؛ بابىل كاتتا، بۈيۈك شەھەر بولغىنى بىلەن، ھەقىقەت جەھەتتىن ياكى مەڭگۈلۈك روھىي بايلىقلار جەھەتتىن ئېيتقاندا ناھايىتى بىر چۆل-باياۋان، خالاس.

## يەشايانىڭ سۆز قىلىشى

2 ــ ئازابلىق بىر ۋەھىي-كۆرۈنۈش ماڭا ئايان قىلىندى؛
خائىن خائىنلىق قىلىۋاتىدۇ،
بۇلاڭچى بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ.
«ئى ئېلام، ئورنۇڭدىن تۇر، چىق!
مېدىئا، مۇھاسىرە قىلىپ قورشىۋال!»
ئۇنىڭ سەۋەبىدىن كۆتۈرۈلگەن ھەممە نالە-پەريادلارنى تۈگىتىۋەتتىم.
3 ــ شۇڭا ئىچ-باغرىم ئاغرىق-ئازاب بىلەن تولدى،
تولغىقى تۇتقان ئايالنىڭ ئازابلىرىدەك،
كۆرگەنلىرىمدىن تولغىنىپ كەتتىم،

---

2:21 **«خائىن خائىنلىق قىلىۋاتىدۇ... بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ»** ــ شۈبھىسىزكى، بابىلنىڭ ئۈزلۈكسىز قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. **«ئى ئېلام، ئورنۇڭدىن تۇر، چىق! مېدىئا، مۇھاسىرە قىلىپ قورشىۋال!»** ــ ئىككى ئىمكانىيەت بار. مۇشۇ بېشارەت ياكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 689-يىلى ئاسۇرىيە ئىمپېراتورى سەنناخېرىبنىڭ بابىلغا بېسىپ كىرىپ ۋەيران قىلغانلىقىنى ياكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى پارسلار ۋە مېدىئالار قورەش ئىمپېراتورىنىڭ باشچىلىقىدا بېسىپ كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
—ئەگەر بىرىنچى شەرھ توغرا بولسا، ئۇ چاغدا «ئېلام ئورنۇڭدىن تۇر، چىق! مېدىئا، مۇھاسىرە قىلىپ قورشىۋال!» دېگەن سۆزلەرنى بابىل پادىشاھى مېروداق-بالادان ئۆز ئىتتىپاقداشلىرى ئېلام ۋە مېدىئاغا ئېيتقان، بۇ سۆزلەر «ئاسۇرىيەگە ھۇجۇم قىل!» دېگەن مەنىدە بولغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئاسۇرىيەنىڭ ئىمپېراتورى سەنناخېرىب مەغلۇپ بولغان. كېيىن ئۇ قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ بابىلنى ئىشغال قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ بابىلنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە بۇتلىرىنىمۇ چېقىپ پارە-پارە قىلدى.
—ئىككىنچى شەرھ توغرا بولسا، مۇشۇ سۆزلەر قورەش ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىغا دېگەن گەپ بولىدۇ (بابىلغا ھۇجۇم قىل!). بىزنىڭچە بولسا بېشارەت قورەشنىڭكى مۇشۇ ھۇجۇمنى كۆرسىتىدۇ؛ بىراق ئىككى قېتىملىق ئىشغال قىلىشنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا يەشايانىڭ كۆرسەتكەن كۆرسەتمىسى، يەنى «بابىلغا ئىشەنمەڭلار ھەم تايانماڭلار!» دېگىنى تەكىتلىنىدۇ. **«ئۇنىڭ سەۋەبىدىن كۆتۈرۈلگەن ھەممە نالە-پەريادلارنى تۈگىتىۋەتتىم»** ــ بۇ ئەلۋەتتە خۇدانىڭ سۆزى بولۇشى كېرەك. دېمەك، بابىلنىڭ خائىنلىقى، تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ ئولجا ئالغانلىقى، ئادىلسىزلىقى، رەھىمسىزلىكى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن خالايىق قاتتىق نالە-پەريادلارنى كۆتۈرگەنىدى؛ خۇدا ئۇلارنىڭ نالە-پەريادلىرىغا خاتىمە بېرىدۇ؛ چۈنكى ئۇ بابىلنىڭ ئۆزىنى تۈگەشتۈرگەنىدى.

**ئاڭلىغىنىمدىن پاراكەندە بولدۇم.**
4 **شۇڭا كۆڭلۇم پاراكەندە بولۇپ ھاسىراپ كەتتىم،**
**مېنى دەھشەت قورقۇنچ باستى؛**
**ئۇ مەن زوق ئالىدىغان كېچىنى ساراسىمە بولىدىغان كېچىگە ئايلاندۇردى.**
5 **ئۇلار داستىخان ۋە گىلەم-كۆرپىلەرنىمۇ سالىدۇ؛**
**ئۇلار يېيىشىدۇ، ئىچىشىدۇ؛**
**«ھەي ئېسىلزادىلەر، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ قالقاننى مايلاڭلار!»**
6 **چۈنكى رەب ماڭا: ــ**
**«بارغىن، كۆرگەنلىرىنى ئەينى بويىچە ئېيتىدىغان بىر كۆزەتچىنى**

---

3:21 **«شۇڭا ئىچ-باغرىم ئاغرىق-ئازاب بىلەن تولدى، ... ئاڭلىغىنىمدىن پاراكەندە بولدۇم»** ــ بۇ سۆزلەر ئەلۋەتتە پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭكى بولۇشى كېرەك.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «مەن ئازابتىن تولغىنىپ قارىيالمىدىم؛ پاراكەندىچىلىكتىن ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم».
—بىر جەھەتتىن يەشايا پەيغەمبەر مۇشۇ كۆرۈنۈشتە مەلۇم بىر شەھەرنىڭ خۇدا تەرىپىدىن جازالىنىشىنى كۆرىدۇ، شۇنداقلا بەك ئازابلىنىدۇ. بىراق باشقا بىر جەھەتتىن ۋە باشقا بىر دەرىجىدە، بابىل شەھىرى پۈتكۈل دۇنياغا ۋەكىل بولسا، ئۇ خۇدانىڭ قىيامەت كۈنىدە گۇناھنىڭ ئۆزىنى قانداق دەھشەتلىك جازالىشىنى كۆرىدۇ، شۇنداقلا ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇشۇ بېشارەتتىن ئېلىشىمىز كېرەك بولغان ساۋاق دەل مۇشۇدۇر.
4:21 **«مەن زوق ئالىدىغان كېچە»** ــ بۇنى چۈشىنىش تەس؛ بەلكىم خۇدا يەشاياغا شۇ كۆرۈنۈشنى كۆرگۈزگەن كېچىدە ئۇ ئايالى بىلەن بىللە مۇھەببەتلەشمەكچى بولدىمىكىن.
**4:21** ئايۇپ 3:7
5:21 **«ئۇلار داستىخان ۋە گىلەم-كۆرپىلەرنىمۇ سالىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «داستىخان سېلىڭلار، بىر كۆزەتچى قويۇڭلار». **«قالقان مايلاڭلار!»** ــ بىرخىل ئۇرۇش تەييارلىقى. قالقان مايلانسا قىلىچ-نەيزىلەر ئۇنىڭدىن تېيىلىپ كېتەتتى. شۇڭا يەشايا مۇشۇ ئايەتتە بەلكىم، بابىللىقلار زىياپەتتە ئولتۇرغىنىدا، دۈشمەنىنىڭ قوشۇنلىرى يولغا چىقىپ يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇڭا زىياپەتنىڭ ئورنىغا، ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىشقا توغرا كېلەتتى، دەپ بېشارەت بېرىدۇ. كېيىنكى (6-10) ئايەتلەرنىمۇ كۆرۈڭ. بابىللىقلارنىڭ زىياپەتكە قاتنىشىشقا ئىنتايىن ئامراقلىقىنىڭ داڭقى چىققانىدى.
—مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى، بابىل ئوردىسىدىكىلەر كاتتا زىياپەتتە بىخۇد ئولتۇرغان بىر كېچىدە، بابىل شەھىرى مېدىئالىقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى (تەۋراتتىكى «دانىيال» 5-بابنى كۆرۈڭ).-

**تەخلەپ قويغىن» ــ دېگەندى.**
**[7]ــ «ئۇ جەڭ هارۋىلىرىنى، جۈپ-جۈپ ئاتلىق ئەسكەرلەرنى،**
**جەڭ هارۋىلىرىنى ئېشەكلەر بىلەن،**
**جەڭ هارۋىلىرىنى تۆگىلەر بىلەن كۆرگەندە،**
**ئۇ دىققەت بىلەن، ناهايىتى دىققەت بىلەن كۆزەتسۇن!»**
**[8]ئۇ جاۋابەن شىردەك تۈۋلىدى: ــ**
**«رەب، مەن كۆزەت مۇنارىدا ئۇزلۇكسىز كۈن بويى تۇرىمەن،**
**هەر كېچىدە كۆزەتتە تۇرىمەن؛**
**[9]ــ ۋە مانا، ئۇ جەڭ هارۋىلىرى جۈپ-جۈپ ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن**
**كېلىۋاتىدۇ!» ۋە يەنە جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېگەن: ــ**
**بابىل بولسا يىقىلدى، يىقىلىپ چۈشتى،**
**ۋە ئۇ ئۇلارنىڭ ئىلاهلىرىنىڭ هەربىر ئويما مەبۇدلىرىنى يەرگە تاشلاپ**
**پارە-پارە قىلىۋەتتى!».**

---

6:21 **«ئەينى بويىچە ئېيتىدىغان بىر كۆزەتچى»** ــ دېمەك، ئىشەنچلىك ئادەم. بابىللىقلار بىخۇدلىشىپ ئولتۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، خۇدا بەلكىم يەشاياغا كىنايە قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن بىر كۆزەتچىنى بەلگىلەپ قويۇش كېرەك، دېمەكچى. بۇ «خىيالىي كۆزەتچى»نىڭ خەۋەرلىرى 7-9-ئايەتلەردە خاتىرىلىنىدۇ.
7:21 **«ئۇ جەڭ هارۋىلىرىنى، جۈپ-جۈپ ئاتلىق ئەسكەرلەرنى،... كۆرگەندە،...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «بىر قوشۇن ئاتلىق ئەسكەر جۈپ-جۈپ ئاتلار بىلەن،... كۆرگەندە،...». **«جەڭ هارۋىلىرىنى تۆگىلەر بىلەن كۆرگەندە،...»** ــ پارس ئىمپېراتورى قورەش جەڭ قىلغاندا تۆگىلەرنى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئېچىگە هەيدىۋېتىپ، قالايمىقانچىلىق چىقىراتتى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئاشۇنداق تاكتىكىنى ئىشلەتكەن.
8:21 **«رەب، مەن كۆزەت مۇنارىدا ئۇزلۇكسىز كۈن بويى تۇرىمەن، هەر كېچىدە كۆزەتتە تۇرىمەن»** ــ بۇ سۆزگە قارىغاندا، بابىلنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلار ئۇزۇنراق ۋاقىت كۈتۈشى كېرەك بولىدۇ. «رەب» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئى خوجام،...».
**8:21** هاب. 1:2
9:21 **«ــ ۋە مانا، ئۇ جەڭ هارۋىلىرى جۈپ-جۈپ ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ!»** ــ يۇقىرىقى ئىزاهاتنى كۆرۈڭ. بەلكىم مۇشۇ يەردە دۈشمەن قوشۇنى غەلىبە بىلەن قايتىپ بېرىپ، بابىلنىڭ مەغلۇپ بولۇپ يوقىتىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. **«... ئۇ ئۇلارنىڭ ئىلاهلىرىنىڭ هەربىر ئويما مەبۇدلىرىنى ... پارە-پارە قىلىۋەتتى!»** ــ «ئۇ» بەلكىم خۇدانىڭ ئۆزى.
**9:21** يەر. 12:25؛ 8:51؛ ۋەھ. 8:14؛ 2:18

## خۇدا يەنە ئۆزگە سادىق بولغانلارغا تەسەللى بېرىدۇ

10 ــ ئى مېنىڭ تېپىلگەن دانلىرىم،
مېنىڭ خامىنىمدىكى بۇغدايلىرىم،
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگاردىن ئاڭلىغاننى سىلەرگە ئېيتىپ بەردىم!

## ئېدوم توغرۇلۇق بىر بېشارەت

11 «دۇماھ» توغرۇلۇق يۈكلەنگەن ۋەھيي؛
بىرسى سېئىردىن كېلىپ مەندىن: ــ
«ئى كۆزەتچى، كېچىنىڭ قانچىلىكى ئۆتتى؟ ئى كۆزەتچى، كېچىنىڭ
قانچىلىكى ئۆتتى؟» ــ دەپ سورايدۇ.
12 كۆزەتچى جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: ــ
«سەھەر كېلىدۇ، كېچىمۇ كېلىدۇ؛
يەنە سورىغىڭ بولسا، يەنە كېلىپ سورا؛

---

10:21 **«مېنىڭ تېپىلگەن دانلىرىم، مېنىڭ خامىنىمدىكى بۇغدايلىرىم،...»** ــ مۇشۇ ئىككى ئىبارە ئىسرائىلنىڭ خۇداغا سادىق بولغان، شۇنداقلا پەس ئورۇندا تۇرىدىغان «قالدىسى»نى كۆرسىتىدۇ. خۇدانىڭ جازا-تەربىيىلىرى ئىچىدە جاپا تارتىش بىلەن ئۇلار تاۋلىنىپ، «ساپ بۇغداي»دەك بولغان.
11:21 **«دۇماھ»** ــ بولسا ئىبرانىي تىلىدا «سۈكۈت» دېگەن مەنىدە. ئۇمۇ ئېدومنىڭ كىچىك بىر يېزىسى. بىراق مۇشۇ يەردە يەشايا يەنە «ئېدوم» دېگەن ئىسمىنى سۆز ئويۇنى قىلىپ تەتۈرىسىچە «دۇماھ» دەپ ئاتىغان. دېمەك، كەلگۈسىدە ئېدوم كۆپ ئىسسىق-سوغاقلار بىلەن ناھايىتى «سۈكۈت»لۈك بىر جاي بولۇپ قالىدۇ. **«سېئىر»** ــ ئېدومنىڭ يەنە بىر ئىسمى. **«ئى كۆزەتچى، كېچىنىڭ قانچىلىكى ئۆتتى؟ ئى كۆزەتچى، كېچىنىڭ قانچىلىكى ئۆتتى؟»** ــ كۆزەتچى (ياكى جېسەكچى)نىڭ ۋەزىپىلىرى بىرىنچىدىن دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىدىن خەۋەر بېرىپ ھەممە ئادەمنى ئويغىتىش؛ ئىككىنچىدىن تاكتاكچىلىق قىلىپ كېچىنىڭ قايسى ۋاقىت بولغانلىقىنى خالايىققا ئۇقتۇرۇش ئىدى. كۆزەتچى مۇشۇ يەردە شۈبھىسىزكى، يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنىڭمۇ مۇشۇ ئىككى ۋەزىپىسى بار ئىدى ــ خالايىقنى خۇدانىڭ جازاسىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ھەم شۇ جازاغا قانچە ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكى ھەم ئۇنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزۈش ئىدى. مۇشۇ يەردە بەلكىم ئېدومدىن چىققان بىر ئەلچى كېلىپ يەشايادىن ئېدومنى قاپلاپ تۇرغان، قاراڭغۇ «كېچە»دەك بولغان بالايىئاپەتلەر قاچان تۈگەيدۇ؟ ــ دەپ سورايدۇ.

**يولۇڭدىن قايتىپ ماڭا يېقىن كەل!»**

## ئەرەبىيە توغرۇلۇق بىر بېشارەت

13 ئەرەبىيەنىڭ كېچىسى توغرۇلۇق يۈكلەنگەن ۋەھىي: ــ
«ئى دېدانلىقلارنىڭ كارۋانلىرى، سىلەر ئەرەبىيەدىكى جاڭگاللاردا
قونۇپ قالىسىلەر؛
14 ئۇسساپ كەتكەنلەرگە سۇ ئاپىرىپ بېرىڭلار!
ئى تېمادىكىلەر، نانلىرىڭلارنى ئېلىپ قاچقانلارنى كۈتۈۋېلىڭلار!
15 چۈنكى ئۇلار قىلىچلاردىن،

---

12:21 **«كۆزەتچى جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ:...»** ــ جاۋابىنىڭ ئۈچ قىسمى بار: ــ
ــ(1) «سەھەر كېلىدۇ». دېمەك، مۇشۇ قاراڭغۇلۇق تۈگەيدۇ ــ بىراق قاچان تۈگەيدىغانلىقىنى دېمەيدۇ
ــ(2) «كېچىمۇ كېلىدۇ» ــ ئېدومغا، دۇنياغا نۇر كېلىدۇ (مەسىلەن 18:7، 2:18نى كۆرۈڭ). بىراق يەنە بىر كېچە كېلىدۇ، ئۇ تېخىمۇ قاراڭغۇ بولۇپ، بەلكىم قىيامەت كۈنلىرىدە بولىدۇ (مەسىلەن، 5:10، 10:13نى كۆرۈڭ). يەشايا مۇشۇ توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرىدۇ.
ــ(3) «سورىغىڭ بولسا، ... ماڭا يېقىن كەل!». ئېدوم (جۈملىدىن بەلكىم باشقا يەھۇدىي ئەمەسلەر) مۇشۇ ئىشلارنى ئېنىقلىماقچى بولغان بولسا، ئەركىنلىك بىلەن خۇدانىڭ يېنىغا كېلىشكە، خۇدادىن بىۋاستە ياكى پەيغەمبەرلىرىدىن سوراشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. پەقەت ئۆز يوللىرىدىن تۇۋا قىلىپ يېنىپ كەلسىلا، خۇدا ئۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ.
13:21 **«ئەرەبىيەنىڭ كېچىسى توغرۇلۇق»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئەرەبىيە توغرۇلۇق» ھەم «كېچىدە» دېگەن ئىككى مەنىلىك بولغان بىر سۆزدۇر. ئىككىنچى مەنىسى «كېچىدە» بولغان بولۇپ، بەلكىم «ئەرەبلەرنىڭ قاراڭغۇلۇق ۋاقتى»نى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە (ئەرەبلەرنىڭ تارىخى ئانچە خاتىرىلەنمىگەن بولغاچقا) دەل قايسى يىلنى كۆرسەتكەنلىكىنى ھازىرچە ئېنىق دەپ بېرەلمەيمىز. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 715-يىلى سارگون II تېمادىكى قەبىلىلەر ۋە پۈتكۈل «ئەرەبىيە يېرىم ئارىلى»غا قارشى ئۇرۇش قىلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 703-يىلى ئەرەبلەر بابىلدىكى مېرودائ-بالادان بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ۋە ئاسۇرىيەلىك سەنناخېرىب تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، قاتتىق زىيان تارتقان. بېشارەت بۇ چاغلارنىڭ بىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. **«...جاڭگاللاردا قونۇپ قالىسىلەر»** ــ دېمەك، چوڭ يولدىن يىراق، مەلۇم بىر دۈشمەننىڭ قورقۇنچىدىن پىنھان جايدا قونۇش كېرەك. دېدانلىقلار بولسا ئەرەبلەرنىڭ بىر قەبىلىسى. تېما ئۇلارنىڭ بىر كارۋانسارايى شەھىرى. دېدان، تېما ۋە 16-ئايەتتىكى كېدارنىڭ قەيەرلىكىنى بىلىش ئۈچۈن خەرىتىلەرنى كۆرۈڭ.
14:21 **«... سۇ ئاپىرىپ بېرىڭلار! ئى تېمادىكىلەر، نانلىرىڭلارنى ئېلىپ قاچقانلارنى كۈتۈۋېلىڭلار!»** ــ خۇدا يەشايا ئارقىلىق ئەرەبلەرگە ئۆز قېرىنداشلىرىغا ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. دېمەك، ئەرەبلەر پات يېقىندا كۆپ ئاۋارىچىلىككە يولۇقىدۇ (15-ئايەتنى كۆرۈڭ).

غالاپتىن ئېلىنغان قىلىچتىن،
كېرىلگەن ئوقيادىن،
ئۇرۇشنىڭ ئازابىدىن قاچىدۇ.
16 چۈنكى رەب ماڭا شۇنداق دېگەن: ــ
بىر يىل ئىچىدە مەدىكار ھېسابلىغاندەك،
ئاندىن كېدارنىڭ بار شەرىپى يوقىلىدۇ،
17 ئوقياچىلارنىڭ قالدۇقلىرى،
يەنى كېدارنىڭ پالۋان-باتۇر بولغان ئوغۇللىرى ئاز قالىدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى شۇنداق سۆز قىلغان».

## يېرۇسالېم توغرۇلۇق بىر بېشارەت

22 1 ئالامەت كۆرۈنۈش بېرىلگەن جىلغا توغرىسىدا يۈكلەنگەن ۋەھيي: ــ
سىلەر ھەممىڭلار ئۆگزىلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغىنىڭلار زادى نېمە قىلغىنىڭلار؟

---

16:21 **«بىر يىل ئىچىدە مەدىكار ھېسابلىغاندەك،..»** ــ 16-باب، 14-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. مەدىكار ئىشلىگەن ۋاقىتنى ئىنتايىن توغرىلىق بىلەن ھېسابلايدۇ، ئەلۋەتتە.

17:21 **«ئوقياچىلارنىڭ قالدۇقلىرى، يەنى كېدارنىڭ پالۋان-باتۇر بولغان ئوغۇللىرى ئاز قالىدۇ»** ــ كېدار بولسا ئەرەبىستاندىكى چۆللۈكنىڭ شىمال تەرىپىدە ياشىغان بىر قەبىلە.
—مۇشۇ بېشارەتنىڭ كەڭ مەنىسى، شۈبھىسىزكى، خۇداغا ئىشەنمىگەنلەر ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشكەن بولسىمۇ، خۇداسىز بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ياردەم مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ. ئاخىرغىچە ئۈزلۈكسىز كېلىدىغان، چېكى يوق مەدەتنى بولسا پەقەت پەرۋەردىگاردىنلا تاپقىلى بولىدۇ.

1:22 **«ئالامەت كۆرۈنۈش بېرىلگەن جىلغا»** ــ ئىنتايىن سىرلىق بىر ئىبارە. شۈبھىسىزكى، ئۇ يېرۇسالېمغا قارىتىلىدۇ (10-ئايەتنى ۋە تۆۋەندىكىلەرنىمۇ كۆرۈڭ). يېرۇسالېم زىئون تېغىنىڭ ئۈستىدە بولسىمۇ، تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، جىلغىغا جايلاشقان دەپ ھېسابلىنىشلى بولىدۇ. بىراق بۇ ئىبارە نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ يەشايا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئەلۋەتتە يېرۇسالېمدا نۇرغۇن «غايىبانە ئالامەتلەر» ياكى «ئالامەت كۆرۈنۈشلەر»نى كۆرگەن. شۇڭا مەزكۇر ئىبارە نۇرغۇن «غايىبانە ئالامەتلەر» ۋە بېشارەتلەرنىڭ تېمىسى بولغان، خۇدا سۆيگەن يېرۇسالېم»نى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە كېلىپ، «جىلغا» تۆۋەن بولۇپ، «خار بولۇش» ياكى «كىچىك پېئىللىك»نى بىلدۈرىدۇ؛ خۇدا بېشارەتلەر ۋەھيي قىلسا، ئۇلارنى پەقەت كىچىك پېئىللارغىلا يەتكۈزىدۇ. بىراق 2-14-ئايەتلەر بويىچە، يېرۇسالېمدىكىلەر خۇدانىڭ ئاگاھلىرىغا كىچىك پېئىل بولماي، ئەكسىچە ئىرەن قىلماي تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن.

2 **سىلەر خۇشاللىق دەبدەبىسىنى كۆتۈرىدىغان،**
**ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان يۇرت،**
**شادلىنىدىغان شەھەر؛**
**سىلەردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر قىلىچ بىلەن چېپىلغان ئەمەس،**
**ياكى جەڭلەردە ئۆلگەن ئەمەس؛**
3 **ئەمىرلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا قېچىشتى؛**
**ئۇلار ئوقياسىز ئەسىر بولدى؛**
**يىراققا قاچقان بولسىمۇ،**
**سىلەردىن تېپىۋېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ئەسىر بولدى.**
4 **شۇڭا مەن: ــ**
**«نەزىرىڭلارنى مېنىڭدىن ئېلىڭلار؛**
**مېنى قاتتىق يىغلاشقا قويۇڭلار؛**
**خەلقىمنىڭ بۇلىنىپ كېتىشى توغرۇلۇق ماڭا تەسەللى بېرىشكە ئالدىراپ ئۆزۈڭلارنى ئۇپراتماڭلار» ــ دېدىم.**
5 **چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگاردىن «ئالامەت كۆرۈنۈش ۋادىسى»نىڭ بېشىغا بىر كۈن چۈشىدۇ،**
**ئۇ بولسا ئاۋارىچىلىك بولىدىغان،**
**ئاياغ ئاستى قىلىنىپ پېتىقدىلىدىغان،**
**ئادەملەر قايمۇقتۇرۇلىدىغان،**
**سېپىل سوقۇلۇپ چېقىلىدىغان،**
**تاغلارغا قاراپ يالۋۇرۇپ چىرقىرايدىغان بىر كۈنى بولىدۇ.**
6 **ئېلام جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئادەملىرى بىلەن، ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن ئوقدانىنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ،**

---

**4:22 «خەلقىمنىڭ بۇلىنىپ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ بۇلىنىپ...». **«خەلقىمنىڭ بۇلىنىپ كېتىشى توغرۇلۇق ماڭا تەسەللى بېرىشكە ئالدىراپ ئۆزۈڭلارنى ئۇپراتماڭلار»** ــ بۇ سۆزلەر بەلكىم پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭكىدۇر؛ بىراق، شۈبھىسىزكى، خۇدا ئۇلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ.
**4:22** يەر. 23:8

**كىر بولسا قالقاننى ئېچىپ تەييار قىلىدۇ.**
**[7] ۋە شۇنداق بولىدۇكى،**
**ئەڭ گۈزەل جىلغىلىرىڭ جەڭ هارۋىلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ،**
**ئاتلىق ئەسكەرلەر دەرۋازاڭ ئالدىدا سەپ تارتىپ تۇرىدۇ.**
**[8] ئۇلار يەهۇدانىڭ ئۈستىدىكى قالقاننى ئېلىپ تاشلايدۇ؛**
**بىراق سەن زىئون شۇ كۈنىدە «ئورمان سارايى»دىكى قوراللارغا ئۈمىد باغلىغانسەن؛**
**[9] سىلەر داۋۇتنىڭ شەهىرىنىڭ بۆسۈلگەن جايلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ،**
**پەستىكى كۆلچەكتىكى سۇلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ سۇ ئامبىرى قىلدىڭلار؛**
**[10] يېرۇسالېمدىكى ئۆيلەرنى ساناپ، ئۇلاردىن بەزىلىرىنى بۇزۇپ سېپىلنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن ئىشلەتتىڭلار،**
**[11] شۇنداقلا كونا كۆلچەكتىكى سۇلارنى ئىككى سېپىل ئوتتۇرىسىغا يىغىپ ئامبار قىلدىڭلار؛**
**بىراق مۇشۇلارنى ياراتقۇچىغا هېچ قارىمىدىڭلار،**
**بۇرۇندىن بۇرۇن بۇلارنى شەكىللەندۈرۈپ بېكىتكۈچىگە هېچ ئۈمىد باغلىمىدىڭلار!**

---

6:22 **«ئېلام»** ــ بابىلنىڭ قوشنىسى، بېشارەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان («كىر»نىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز). بۇ بېشارەت بەلكىم يەشاياغا كەلگۈسىدە بابىل ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن يېرۇسالېمغا قاتتىق هۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

8:22 **«ئورمان سارايى»** ــ «ئورمان سارايى»نى سۇلايمان پادىشاھ قۇرغان، شۇ يەردە كۆپ ساۋۇت-قوراللار ساقلانغانىدى («1پاد.» 7-بابنى ۋە 10:14-17-ئايەتنى كۆرۈڭ).

11:22 **«...سۇلارنى ئىككى سېپىل ئوتتۇرىسىغا يىغىپ ئامبار قىلدىڭلار؛ بىراق ... بۇرۇندىن بۇرۇن بۇلارنى شەكىللەندۈرۈپ بېكىتكۈچىگە هېچ ئۈمىد باغلىمىدىڭلار»** ــ 8-12-ئايەتلەرگە قارىغاندا، يېرۇسالېمدىكىلەر دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مۇهاسىرىسىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى (مەسىلەن، ساۋۇتلارنى، قالقانلارنى تەييارلاش، سېپىلنى مۇستەهكەملەش، يېڭى سۇ ئامبىرىنى قۇرۇش قاتارلىقلار)نى قوللانغانلىقىنى تەبرىكلەشمەكتە ئىدى، بەلكىم بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس بىر كۈننى ئايرىغان بولۇشى مۇمكىن (12-ئايەتنى كۆرۈڭ ــ «شۇ كۈنى...»). يەشايا پەيغەمبەر ئۇلارنى «تەدبىرلەر»گە تايانماي، «مۇشۇلارنى ياراتقۇچى» خۇداغىلا تايىنىش كېرەك دەپ دەۋەت قىلسىمۇ، ئۇلار قەتئىي ئاڭلىمايدۇ.

12 شۇ كۈنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار
سىلەرنى يىغلاپ ماتەم تۇتۇشقا،
چاچنى چۈشۈرۈپ پايانەكباش بولۇشقا،
بۆز كىيىم كىيىشكە مۇراجىئەت قىلدى.
13 بىراق بۇلارنىڭ ئورنىدا، مانا خۇشاللىق ۋە شادلىق،
كالىلارنى سويۇش، قويلارنى بوغۇزلاش،
گۆشلەرنى يېيىش، شارابلارنى ئىچىش،
«يەيلى، ئىچەيلى، چۈنكى ئەتە دۇنيادىن كېتىمىز» ــ دېيىشلەر بولدى!
14 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار تەرىپىدىن
قۇلىقىمغا ئايان قىلىنىدىكى،
«بەرھەق، مۇشۇ گۇناھ سىلەر ئۆلمىگۈچە كەچۈرۈلمەيدۇ» ــ دەيدۇ
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار.

## ئوردىدىكى غوجىدار شەبناغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇش

15 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار مانا شۇنداق
دەيدۇ: ــ
«بارغىن، مۇشۇ غوجىدار،
ئوردىنى باشقۇرىدىغان مۇشۇ شەبنانىڭ يېنىغا كىرگىن، ئۇنىڭغا: ــ
16 ساڭا مۇشۇ يەردە نېمە بار؟
ياكى مۇشۇ يەردە كىمىڭ بار؟
بىرسى ئېگىزلىككە ئۆزى ئۈچۈن بىر گۆر قازغاندەك،

---

12:22 **«يىغلاپ ماتەم تۇتۇش...» چاچنى چۈشۈرۈپ پايانەكباش بولۇش...» بۆز كىيىم كىيىش...»** ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى تووۋا قىلىشنىڭ ئىپادىلىرى ئىدى.

**13:22** يەش. 12:56؛ 1كور. 32:15

14:22 **«مۇشۇ گۇناھ سىلەر ئۆلمىگۈچە كەچۈرۈلمەيدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «سىلەر ئۆلمىگۈچە مۇشۇ گۇناھ ئۈچۈن كەففارەت قىلىنمايدۇ».

15:22 **«بارغىن، مۇشۇ غوجىدار، ئوردىنى باشقۇرىدىغان مۇشۇ شەبنانىڭ يېنىغا كىرگىن..»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «غوجىدار» (ياكى «خەزىنىچى») «ئايالچە رود» بىلەن كەلگەن بولۇپ، بەلكىم شەبنانىڭ خېلى بىر خۇشامەتچى، كۆتۈرمىچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئۆزى قورام تاشتىن بىر قونالغۇنى يونۇغاندەك،
ئۆزۈڭ ئۈچۈن بىر گۆر كولىدىڭمۇ؟
17 مانا ھەي پالۋان، پەرۋەردىگار سېنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىپ، چىڭ
سىقىمداپ،
18 ئاندىن پومداقتەك سېنى بىپايان، يىراق بىر زېمىنغا تاشلىۋېتىدۇ.
سەن ئاشۇ يەردە ئۆلىسەن،
ھەم ئاشۇ يەردە ھەيۋەتلىك جەڭ ھارۋىلىرىڭمۇ قالىدۇ،
ئى غوجاڭنىڭ جەمەتىگە شەرمەندىلىك كەلتۈرگۈچى!
19 مەن سېنى مەنسىپىڭدىن ئېلىۋېتىمەن،
شۇنىڭ بىلەن سېنى ئورنۇڭدىن چۈشۈرۈۋېتىمەن.

## بېشارەتنىڭ داۋامى ـ ئېلىئاكىم، ئىشەنچلىك ئادەم

20 شۇ كۈنىمۇ شۇنداق بولىدۇكى،
مەن ھىلقىيانىڭ ئوغلى ئۆز قۇلۇم بولغان ئېلىئاكىمنى چاقىرىمەن؛
21 سېنىڭ تونۇڭنى كىيدۈرىمەن،
سېنىڭ پوتاڭ بىلەن ئۇنىڭ بېلىنى چىڭ قىلىمەن؛
ھۆكۈمرانلىقىڭنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېرۇسالېمدىكىلەرگە ۋە يەھۇدا جەمەتىگە ئاتا بولىدۇ.
22 داۋۇت جەمەتىنىڭ ئاچقۇچىنى مەن ئۇنىڭ مۈرىسىدە قويىمەن؛
ئۇ ئاچسا، ھېچكىم ئېتەلمەيدۇ،
ئەتسە، ھېچكىم ئاچالمايدۇ.
23 مەن ئۇنى مۇقىم بىر جايغا قوزۇق قىلىپ بېكىتىمەن؛
ئۇ بولسا ئاتىسىنىڭ جەمەتى ئۈچۈن شەرەپلىك ھوقۇق-تەخت بولىدۇ؛
24 خەلق ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسىنىڭ جەمەتىنىڭ بارلىق شۆھرەتلىرىنى
يۈكلەيدۇ؛

**18:22** **«غوجاڭ»** ــ ئىسرائىل پادىشاھى ھەزەكىيانى كۆرسىتىدۇ. «2پاد.» 18-بابنى كۆرۈڭ.
**20:22** 2پاد. 18:37،26،18
**22:22** ۋەھ. 7:3

يەنى بارلىق ئۆرۈق-نەسىللىرىنى، بارلىق كىچىك قاچا-قۇچىلارنى،
پىيالە-جاملاردىن تارتىپ بارلىق كوپ-ئىدىشلارغىچە ئاسىدۇ.
[25] شۇ كۈندە — دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار:
— مۇقىم جايغا بېكىتىلگەن قوزۇق بولسا، ئېگىلىپ كېتىدۇ ۋە
كېسىپ تاشلىنىدۇ؛
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان يۈكلەر ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»،
چۈنكى پەرۋەردىگار شۇنداق دېگەندى.

## تۇرنىڭ ئاقىۋىتى ـ ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇلغان مەرسىيە

23
[1] تۇر توغرۇلۇق يۈكلەنگەن ۋەھىي: —
ئى تارشىشتىكى كېمىلەر، ئاھ-زار كۆتۈرۈڭلار!
چۈنكى ئۇ خاراب قىلىندى، شۇ يەردە ئۆي يوق، پورتمۇ يوق.
سىپرۇس ئارىلىدىن بۇ خەۋەر كېمىدىكىلەرگە ئايان قىلىندۇ.

---

25:22 **«مۇقىم جايغا بېكىتىلگەن قوزۇق بولسا،...»** — بەزى شەرھچىلەر مۇشۇ سۆزلەر ئېلىئاكىمنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ — دېمەك، «ئۇ ئىشەنچلىك ئادەم بولغىنى بىلەن، بەربىر يىقىلىپ كېتىدۇ؛ پەقەت خۇداغىلا تايانغىلى بولىدۇ».
—بىراق مۇشۇ ئىش ئوخشاشلا «شۇ كۈندە» بولىدۇ، دېيىلىدۇ. پىكرىمىزچە يەشايا يەنە شەبنانىمۇ كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ ئەسلىدە «مۇقىم جايغا بېكىتىلگەن» بىر قوزۇق، يەنى ئوردىدىكى ئىشلارنى باشقۇرغۇچى ئىدى. ئۇ بىر كۈن ئىچىدە ھوقۇقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئېلىئاكىم، يەنى خۇدا ئېيتقان «مېنىڭ قۇلۇم»، ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.
1:23 **«تۇر توغرۇلۇق يۈكلەنگەن ۋەھىي»** — تۇر بولسا (خەرىتىنى كۆرۈڭ) دېڭىز بويىدىكى قەدىمكى زاماندىكى بىر «سىنگاپور»غا ئوخشايدىغان بىر شەھەر ئىدى. تۇر شەھىرى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، كىچىك ئارال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر قەلئە سېلىنغان. ئىككىنچىسى ئۇدۇلدىكى دېڭىز بويىدىكى ئىنتايىن پۇختا سېپىللىق شەھەر. تۇر ئاساسەن دېڭىز ئارقىلىق سودا قىلاتتى؛ ئۇنىڭ كېمىلىرى ۋە ئۇنىڭغا بېقىندى بولغان «ئۈچ تارشىش»تىكى (16:2دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ) كېمىلەر ئوتتۇرا دېڭىزدىكى سودىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئىنتايىن بېيىپ كەتكەن. تاۋارلارنى ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئەللەردىن ئىمپورت قىلىپ، پەلەستىنگە ساتقان؛ پەلەستىندىكى مەھسۇلاتلارنىمۇ سېتىۋېلىپ دېڭىز ئارقىلىق ئېكسپورت قىلغان. بىبىغاندىن كېيىن، تۇر ئىنتايىن تەكەببۇرلىشىپ كەتكەنىدى. دېڭىز بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىشغال قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
—**«سىپرۇس ئارىلىدىن...»** — ياكى «كىتتىيلارنىڭ زېمىنىدىن...».
**1:23** يەر. 4:47؛ ئەز. 26؛ 27؛ 28؛ زەك. 3:9، 4

**2 زىدوندىكى سودىگەرلەر دېڭىزدىن ئۆتۈپ سىلەرنى تەمىنلەپ كەلدى،**
**ئى ئارالدىكىلەر،**
**ئەمدى شۈك بولۇڭلار!**
**3 شىهوردىكى بىپايان سۇلار ئۇستىدىن يۆتكىگەن دانلار،**
**يەنى نىل دەرياسىنىڭ هوسۇلى تۇرنىڭ دارامىتى بولغانىدى؛**
**ئۇ ئەللەرنىڭ بازىرى بولغانىدى!**
**4 ئى زىدون، خىجالەت بول،**
**چۈنكى دېڭىز ــ يەنى تۇرغا قورغان بولغان دېڭىز دەيدۇكى: ــ**
**«مەندە هېچ تولغاق بولمىدى، هېچ تۇغمىدىم،**
**يىگىتلەرنى ياكى قىزلارنى هېچ باقمىغاندەكمەن!»**
**5 مۇشۇ خەۋەر مىسىرغا يەتكەندە،**
**ئۇلارمۇ بۇ خەۋەر خۇددى تۇرغا كەلگەندەك قاتتىق ئازابلىنىدۇ.**
**6 ــ سىلەر دېڭىزدىن ئۆتۈپ تارشىشقا كېتىڭلار!**
**ئى دېڭىز بويىدىكىلەر، ئاھ-زار كۆتۈرۈڭلار!**
**7 سىلەرنىڭ قەدىم ئەييامدىن بار بولغان،**
**شاد-خۇراملىققا تولغان شەھىرىڭلار مۇشۇمۇ؟!**
**مانا ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئۆزلىرىنى مۇساپىر قىلىشقا يىراقلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ!**
**8 تاجلارنى ئىلتىپات قىلغۇچى بولغان،**
**سودىگەرلىرى ئەمىرلەر بولغان،**
**دەللاللىرى جاھاندا ئابرۇيلۇقلار هېسابلانغان تۇرنىڭ بۇ تەقدىرىنى**

---

2:23 **«زىدون»** ــ بولسا تۇرغا يېقىن رايون بولۇپ، تۇر بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان. خەرىتىلەرنى كۆرۈڭ. **«ئى ئارالدىكىلەر،...»** ــ تۇردىكى ئارالدا تۇرغانلار.

4:23 **«مەندە هېچ تولغاق بولمىدى، هېچ تۇغمىدىم، يىگىتلەرنى ياكى قىزلارنى هېچ باقمىغاندەكمەن!»** ــ دېمەك، تۇرنىڭ ياشلىرى يوقاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ «ئانىسى»، يەنى دېڭىز: «باللارنى هېچ تۇغمىغاندەكمەن» ــ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ يوقىتىلىشى سەۋەبى تېخى كۆرسىتىلمىدى.

6:23 **«سىلەر دېڭىزدىن ئۆتۈپ تارشىشقا كېتىڭلار!»** ــ دېمەك، تۇردىكىلەر قېچىشى كېرەك.

7:23 **«... پۇتلىرى ئۇلارنى ئۆزلىرىنى مۇساپىر قىلىشقا يىراقلارغا كۆتۈرىدۇ»** ــ كېمە بىلەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ پىيادە ماڭغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

**كىم بېكىتكەن؟**
**[9] ــ بۇلارنى بېكىتكۈچى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى پەرۋەردىگاردۇر!**
**مەقسىتى بولسا شان-شۆھرەتتىن كېلىپ چىققان جىمى تەكەببۇرلۇقنى رەسۋا قىلىش،**
**جاھاندىكى جىمىكى يۈز-ئابرۇيلۇقلارنى پەسلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت!**
**[10] تارشىشنىڭ قىزى، نىل دەرياسىدەك ئۆز زېمىنىڭدا ئەركىن-ئازادە يايرا!**
**چۈنكى تۈردىن كەلگەن تىزگىن ھازىر يوق.**
**[11] چۈنكى پەرۋەردىگار قولىنى دېڭىز ئۈستىگە ئۇزىتىپ،**
**دۆلەتلەرنى تەۋرىتىدۇ.**
**ئۇ قانائان توغرۇلۇق ئەمر قىلغان،**
**ئۇنىڭدىكى قەلئە-قورغانلارنى يوقىتىلسۇن دەپ پەرمان چۈشۈرگەن.**
**[12] ۋە: ــ**
**«ئى باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان زىدون قىزى،**
**سەن ئىككىنچى ھېچ تەنتەنە قىلمايسەن،**
**ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، سىپرۇس ئارىلىغا ئۆتۈپ كەتكىن،**
**ھەتتا شۇ يەردە سەن ھېچ ئارام تاپمايسەن» ــ دېدى.**
**[13] قاراڭلار، بابىل-كالدىيلەرنىڭ زېمىنىنى!**
**بۇ يەرنىڭ خەلقى بولۇپ باقمىغاندەك قىلىدۇ؛**
**ئاسۇرىيە ئۇنى چۆل-باياۋان جانىۋارلىرى ئۈچۈن ماكان قىلغان؛**
**پوتەيلەرنى ياساپ، ئۇلارنىڭ ساراي-ئوردىلىرىنى ۋەيران قىلىپ،**

---

10:23 «**تارشىشنىڭ قىزى، نىل دەرياسىدەك ئۆز زېمىنىڭدا ئەركىن-ئازادە يايرا! چۈنكى تۈردىن كەلگەن تىزگىن ھازىر يوق**» ــ بۇ كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ. تارشىش تۈرگا بېقىندى بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھازىر «ئەركىن» بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئىقتىسادىي يۆلەنچۈكىمۇ يوق بولىدۇ.

11:23 «**ۇ قانائان توغرۇلۇق ئەمر قىلغان...**» ــ تۈر شەھىرى ئەسلىدە قانائان زېمىنىدا، دەپ ھېسابلىنغىلى بولىدۇ.

12:23 «**ئى باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان زىدون قىزى...**» ــ زىدون ئاسۇرىيە تەرىپىدىن باستۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ قىزلىرى، شۈبھىسىزكى، باسقۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. تۆۋەندىكى 13-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**خارابىلىكىكە ئايلاندۇرۇۋېتىكەن.**
**14 ئى تارشىشتىكى كېمىلەر، ئاھ-زار كۆتۈرۈڭلار!**
**چۈنكى قورغىنىڭلار خاراب قىلىندى.**
**15 ۋە شۇ كۈنى بولىدۇكى، پادىشاھنىڭ كۈنلەرنى ھېسابلىغىنىدەك،**
**تۇر يەتمىش يىل ئۇنتۇلىدۇ.**
**يەتمىش يىل ئۆتكەندىن كېيىن،**
**تۇرنىڭ ئەھۋالى پاھىشە ئايالنىڭ ناخشىسىدەك بولىدۇ؛**

---

13:23 **«قاراڭلار، بابىل-كالدىيەلەرنىڭ زېمىنىنى! بۇ يەرنىڭ خەلقى بولۇپ باقمىغاندەك قىلىدۇ؛ ئاسۇرىيە ئۇنى چۆل-باياۋان جانىۋارلىرى ئۈچۈن ماكان قىلغان...»** ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 745-يىلى ئاسۇرىيە پادىشاھى تىگلات-پىلەسەر «پۈتكۈل دۇنياغا ئىگە بولماقچى بولۇپ»، كەڭ كۆلەمدە جەڭ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ 738-يىلى ئۆزىنىڭ ھەربىي قوماندانىنى تۇرنى ئىدارە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. تۇر ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاسۇرىيەنىڭ كېيىنكى پادىشاھى شالمانئېزەرنىڭ مۇھاسىرىسىگە قارشى جەڭ قىلدى، ئاخىردا ئاسۇرىيەلىكلەر تۇرنى تاشلاپ كەتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنە ئاسۇرىيە بىلەن ئۇرۇش قىلدى. شۇ چاغدا تۇر مىسىر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش مەقسىتىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 701-يىلى ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، تۇرنىڭ «يۆلەنچۈكى» زىدون ۋە ئەتراپتىكى رايونلاردا كۆپ ۋەيرانچىلىق قىلغان، تۇرنىڭ سودىسىنى ئاساسەن ئۈزۈپ قويغان.

—مۇشۇ ئايەتلەردە شۇ ئىش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلسە كېرەك. ئايەتلەردە: ئاسۇرىيەلىكلەر بابىل-كالدىيەنى ۋەيران قىلغانلىقىغا، چىرايلىق بىنالارنى «چۆل-باياۋان جانىۋارلىرى ئۈچۈن ماكان قىلغانلىقى»غا قاراڭلار، مۇشۇ ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىڭلار دېيىلىدۇ. بۇ بەلكىم «سىلەرگىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار يۈز بېرىدۇ» دېگەنلىكتىن بېشارەت بولسا كېرەك.

—مۇشۇ ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 332-يىلى «بۈيۈك ئىسكەندەر» تەرىپىدىن چىقىرىلغان. ئىسكەندەر پۈتۈن سېپىللىق شەھەرنى، جۈملىدىن ئارالدىكى قورغانلارنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن.

14:23 **«تارشىش»** ــ 2-باب، 16-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

15:23 **«تۇر يەتمىش يىل ئۇنتۇلىدۇ»** ــ «يەتمىش يىل» مۇشۇ مەزگىل بەلكىم ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىبنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 701-يىلدىكى ۋەيرانچىلىقىدىن باشلىنىدۇ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 630-يىلدىكى ئاسۇرىيەنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ زاۋال تېپىشى، شۇنداقلا تۇرنىڭ سودىسىنىڭ يەنە بازار تېپىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

—يەشايا ئاشۇ چاغدىكى تۇرنى قېرى پاھىشە ئايالغا، خېرىدارلارنى چاقىرىش ئۈچۈن چىلتار چېلىپ ناخشا ئېيتقانغا ئوخشىتىدۇ. پاھىشە ئايالغا ئوخشاش، ئۇ پۇلنى دەپ ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىدى.

16 چىلتارنى ئېلىپ، شەھەرنى ئايلىنىپ يۈر،
ئى ئۇنتۇلغان پاھىشە ئايال!
ئۆزۈڭگە يەنە خەقنىڭ دىققىتىنى تارتاي دېسەڭ،
يېقىملىق بىر پەدە چېلىپ، كۆپرەك ناخشىلارنى ئېيت!
17 ئەمدى شۇنداق بولىدۇكى،
يەتمىش يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن،
پەرۋەردىگار تۇرنى يوقلايدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئۆزىنى ئىجارىگە بېرىپ،
يەر يۈزىدىكى ھەممە پادىشاھلىقلار بىلەن يەنە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛
18 شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ماللىرى ۋە ئۆزىنى سېتىپ، تاپقان پۇلى بولسا پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ مۇقەددەس بولىدۇ؛
ئۇ خەزىنىگە سېلىنمايدۇ ياكى توپلانمايدۇ،
چۈنكى ئۇنىڭ مۇشۇ سودىسى بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرغانلار ئۈچۈن ئايرىم قىلىنىدۇ؛
ئۇ ئۇلارغا قانغۇچە يەپ-ئىچىشكە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئېسىل كىيىم-كېچەكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

---

18:23 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ماللىرى ۋە ئۆزىنى سېتىپ، تاپقان پۇلى بولسا پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ مۇقەددەس بولىدۇ... ئۇ ئۇلارغا قانغۇچە يەپ-ئىچىشكە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئېسىل كىيىم-كېچەكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ»** — مۇشۇ ئاخىرقى ئايەت تۇر ئۈچۈن ئۈمىد كۆرسىتىدۇ، ئۇلار كەلگۈسىدە مال-مۈلۈككە ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارغا بېقىنىدى بولىدۇ. بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئاخىرقى زاماندا بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئىسرائىل بابىلدىن قايتقىنىدا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540-يىلى)، يېڭى مۇقەددەس ئىبادەتخانا قۇرۇلغاندا، تۇر ئۇنىڭ ئۈچۈن خالىس ماتېرىيال تەمىنلىگەنلىكى بەلكىم بېشارەتنىڭ بىر «قىسمەن» ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدۇر (تەۋراتتىكى «ئەزرا» 3-باب).

## ئاخىرقى زامانلار
## دۇنيانىڭ گۇناھ ئارقىلىق بۇلغىنىشى

24 [1] مانا، پەرۋەردىگار يەر يۈزىنى بەربات، ۋەيران قىلىپ،
ئۇنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىپ،
ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنى تەرەپ-تەرەپكە تارقىتىدۇ؛
[2] شۇ ۋاقىتتا شۇنداق بولىدۇكى،
خەلقلەر قانداق بولسا، كاھىن شۇنداق بولىدۇ؛
قۇل قانداق بولسا، خوجايىنى شۇنداق بولىدۇ؛
دېدەك قانداق بولسا، ئايال خوجايىنى شۇنداق بولىدۇ؛
سېتىۋالغۇچى قانداق بولسا، سېتىۋەتكۈچى شۇنداق بولىدۇ؛
ئۆتنە ئالغۇچى قانداق بولسا، ئۆتنە بەرگۈچى شۇنداق بولىدۇ؛
ئۆسۈم ئالغۇچى قانداق بولسا، ئۆسۈم بەرگۈچى شۇنداق بولىدۇ.
[3] يەر يۈزى پۈتۈنلەي بەربات قىلىنىدۇ،
پۈتۈنلەي بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار مۇشۇ سۆزنى قىلدى.
[4] يەر يۈزى ماتەم تۇتىدۇ، ئۇ زەئىپلىشىدۇ،
جاھان ھالسىزلىنىپ زەئىپلىشىدۇ،
يەر يۈزىدىكى بەگ-تۆرىلەرمۇ ھالىدىن كېتىدۇ.
[5] يەر-زېمىن ئۆزىدە تۇرۇۋاتقانلار تەرىپىدىن بۇلغىنىدۇ؛
چۈنكى ئۇلار كۆرسەتمە-قانۇنلىرىدىن چەتلىگەن؛
تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەت-تەرتىپىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن،

---

2:24 **«كاھىن»** — مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا خەلقلەرگە ۋەكىل بولغان قۇربانلىق قىلغۇچى.
**«سېتىۋالغۇچى قانداق بولسا، سېتىۋەتكۈچى شۇنداق بولىدۇ... ئۆسۈم ئالغۇچى قانداق بولسا، ئۆسۈم بەرگۈچى شۇنداق بولىدۇ»** — دېمەك، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىدىكىلىرى ئوخشاشلا خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.
**2:24** ئەز. 12:7، 13

مەڭگۈلۈك ئەھدىنىمۇ يوققا چىقىرىۋەتكەن.
6 شۇڭا لەنەت يەر يۈزىنى يۇتۇۋالىدۇ،
ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلار «گۇناھى بار» دەپ ھېسابلىنىدۇ،
شۇڭا يەر يۈزىدىكىلەر يۇتۇۋېلىنىدۇ،
ئىنسانلار ئاز قالىدۇ.

## بالايىئاپەت تەپسىلاتلىرى

7 يېڭى شاراب تۈگەي دەپ قالدى،
ئۈزۈم تاللىرى بولسا سولىشىپ كېتىدۇ؛
كەيپىلىكتىن كۆڭلى خوش ئادەملەرمۇ ئۇھ تارتىشىدۇ؛
8 داپلارنىڭ شوخ سادالىرى توختايدۇ،
كۆڭۈل ئېچىۋاتقانلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىمۇ تۈگەيدۇ،
چىلتارنىڭ شادلىق مۇڭلىرىمۇ توختايدۇ.
9 شاراب ئىچكەنلەرنىڭمۇ ناخشىسى يوقايدۇ؛
ھاراق ئىچكەنلەرگە ھاراق ئاچچىق تۇيۇلىدۇ.
10 تەرتىپسىز، مەنىسىز شەھەر بۇزۇلىدۇ؛

5:24 **«چۈنكى ئۇلار كۆرسەتمە-قانۇندىن چەتلىگەن؛ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەت-تەرتىپىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن...»** — قايسى كۆرسەتمە-قانۇنلارنى بۇزغان؟ پەقەت مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگىنىلا ئەمەس، يەنە نۇھ پەيغەمبەرگە كۆرسىتىلگەن قانۇن ۋە ئەھدىنى كۆرسەتسە كېرەك. «يار.» 9-بابنى كۆرۈڭ. نۇھ پەيغەمبەرگە ھەم مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان مۇشۇ ئىككى ئەھدىگە ئاساسەن قاتىللىق قەتئىي مەنئى قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇھقا تاپشۇرۇلغان ئەھدە بويىچە، خۇدا ھاۋا رايىنى ھەم يەر يۈزىدىكى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بېكىتكەن؛ بىراق ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى ھاۋا رايىنى بۇزۇپ تاشلىغان، شۇنداقلا بوۋگۇنمۇ بۇزماقتا، شۇنىڭدەك ئىنسانلار نۇرغۇن تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان ۋە بولىدۇ. مەسىلەن، ئائىلىدىكى ئەر-خوتۇنلۇق جىنسىي مۇناسىۋەتلەرنى بۇزۇپ، بەچچىۋازلىقنى نورمال ئىش دەپ بىلىش قاتارلىقلار.

**6:24** يەش. 18:9؛ 16:10

**8:24** يەر. 34:7؛ 9:16؛ 10:25؛ ئەز. 13:26؛ ھوش. 13:2

**9:24** يەش. 1:16

ھېچكىم كىرمىسۇن دەپ ھەممە ئۆيلەر ئېتىلىدۇ؛
11 كوچىلاردا شاراب ئۈچۈن نالە-پەرياد كۆتۈرۈلىدۇ؛
بار شاد-خۇراملىق تۈتەككە ئايلىنىدۇ؛
يەر-زېمىندىكى شادلىق يوقايدۇ.
12 شەھەردە پەقەت ۋەيرانچىلىقلا قالىدۇ،
دەرۋازا بولسا چېقىلغان،
ھەممىسى ــ خاراب بولىدۇ!

## ئىنساننىڭ «قالدىسى»

13 چۈنكى خەلق-مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا،
يەر-جاھاننىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بولىدۇكى،

---

**10:24 «تەرتىپسىز، مەنىسىز شەھەر»** ــ يەشايا قايسى شەھەر ئىكەنلىكىنى دېمەيدۇ.
—13-بابتا بابىل شەھىرى پۈتۈن خۇداسىز دۇنيانى كۆرسەتكەندەك (مەسىلەن، 13-باب، 5- ۋە 9-ئايەتنى كۆرۈڭ) مۇشۇ ئايەتلەر ئوخشاشلا پۈتكۈل خۇداسىز دۇنيانى بىلدۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، يەشايا ئوقۇرمەنلەرگە يەنە، بابىل (بابىلون) شەھىرىنىڭ بىرىنچى قېتىم قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى (تەۋرات، «يارىتىلىش» 11-بابنى كۆرۈڭ). شەھەرلەر بولسا ئىنسانىيەتنىڭ بار كۈچ-قۇدرىتى، قابىلىيىتى ۋە ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولىدۇ. بىراق مۇشۇلار ئىخلاسسىز، خۇداغا تايانمىغان ھالدا قىلىنغان بولسا، ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولىدۇ، خالاس. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ نامسىز شەھەر خۇداسىز دۇنيانى بىلدۈرىدۇ.
—شەھەر مەنىسىز، ئۇنىڭكى تۇرمۇشى مەنىسىز، خۇداسىز ياشاش مەنىسىز.
—باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسەن (مەسىلەن، دانىيال) كەلگۈسىدە پۈتكۈل دۇنيا بىر شەھەر، بىر مۇستەبىت ھۆكۈمدار ئاستىدا بولىدۇ. مۇشۇ شەھەر بەلكىم «يېڭى بىر بابىل» بولۇشى كېرەك. 1985-يىلى ئىراقتىكى سادام ھۈسەين قەدىمكى بابىل شەھىرىنى قايتىدىن قۇرۇشنى نىيەت قىلغىنى بىلەن ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي جېنىدىن ئايرىلدى. **«ھېچكىم كىرمىسۇن دەپ ھەممە ئۆيلەر ئېتىلىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكى توسۇلۇپ قېلىپ، ھېچكىم كىرەلمەيدۇ».
**11:24 «كوچىلاردا شاراب ئۈچۈن نالە-پەرياد كۆتۈرۈلىدۇ؛ بار شاد-خۇراملىق تۈتەككە ئايلىنىدۇ...»** ــ غەلىتە ئىش شۇكى، شاراب خەقلەرگە ھېچ تەسەللى بېرەلمىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇنى ئىزدەيدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر!
**12:24 «دەرۋازا بولسا چېقىلغان، ھەممىسى ــ خاراب بولىدۇ»** ــ دەرۋازا ھېچقانداق مۇداپىئە رولى قالمايدۇ.

**زەيتۇن دەرىخىنى قاققاندىن كېيىن قېپ قالغان زەيتۇنلاردەك،**
**ئۈزۈم ھوسۇلىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن تەرگۈدەك بىرنەچچىلا ئۈزۈم قالغاندەك، بىر قالدىسى قالدۇرۇلىدۇ.**
**[14] قالدىلار بولسا ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛**
**پەرۋەردىگارنىڭ ھەيۋىسىگە قاراپ تەنتەنە قىلىدۇ؛**
**ئۇلار دېڭىز تەرەپتىن سۈرەن سالىدۇ.**
**[15] شۇڭا پەرۋەردىگارنى شەرقتىمۇ،**
**ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى غەربتىكى يىراق ئاراللاردىمۇ ئۇلۇغلاڭلار؛**
**[16] جاھاننىڭ چەت-چەتلىرىدىن بىز ناخشىلارنى ئاڭلىدۇق: ــ**
**«ھەققانىي بولغۇچىغا شان-شەرەپ بولسۇن!»**

**بىراق مەن شۇنداق دېدىم: ــ**
**«ئاھ، مېنىڭ ياداڭغۇلۇقۇم! مېنىڭ ياداڭغۇلۇقۇم! ھالىمغا ۋاي!**
**چۈنكى خائىنلار خائىنلىق قىلىۋاتىدۇ؛**
**بەرھەق، خائىنلار نومۇسسىزلارچە خائىنلىق قىلىۋاتىدۇ!**

---

13:24 **«يەر-جاھاننىڭ ئوتتۇرىسىدا»** ــ ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ.

13:24 يەش. 6:17

14:24 **«قالدىلار بولسا ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»** ــ يۇقىرىدىكى 6-ئايەتتە «ئىنسانلار ئاز قالدۇ» دېيىلىدۇ. مۇشۇ ئايەتتىكى «قالدىلار» بولسا دەل شۇ كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بالايىئاپەت ئىچىدە تووۋا قىلىپ خۇدانى ئىزدىگەنلەردۇر. بۇ خۇداغا سادىق بولغان «قالدى خەلق» «يەشايا» ۋە تەۋراتتىكى كۆپ باشقا كىتابلاردا تىلغا ئېلىنىدۇ.

16:24 **«بىراق مەن شۇنداق دېدىم: ــ «ئاھ، مېنىڭ ياداڭغۇلۇقۇم! مېنىڭ ياداڭغۇلۇقۇم! ھالىمغا ۋاي! ... بەرھەق، خائىنلار نومۇسسىزلارچە خائىنلىق قىلىۋاتىدۇ!»** ــ بۇ سۆزلەر پەيغەمبەرنىڭ خۇدانىڭ ئاخىر زامانلار توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئايان قىلغان ۋەھىيلىرىگە بولغان ئىنكاسىنى ــ ھەم خۇشاللىق ھەم خۇشاللىق ئىچىدە بولغان قايغۇسىنى، يەنى دۇنيانىڭ گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراپ قايغۇغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. **«خائىنلار خائىنلىق قىلىۋاتىدۇ ... خائىنلار نومۇسسىزلارچە خائىنلىق قىلىۋاتىدۇ!»** ــ مۇشۇ تەكرارلاش، بەلكىم، ئاخىردا ھەر ئادەم خۇدا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلمىغان بولسا، ناھايىتى قاتتىق گۇناھقا چۆمۈپ كېتىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارغا گۇناھ بېكىتىلگەندەك قىلىدۇ (ئىنجىل، «ۋەھ.» 22:11نى كۆرۈڭ). يەشايا گۇناھنىڭ جازاسىنى كۆرۈپلا يەنە ناھايىتى ئازابلىنىدۇ.

17 ئى يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقان ئىنسانلار!
ۋەھىمە، ئورا ۋە تۇزاق بېشىڭغا چۈشىدۇ؛
18 ۋە شۇنداق بولىدۇكى،
ۋەھىمە ساداسىدىن قاچقانلار ئورىغا چۈشىدۇ،
ئورىدىن چىققان بولسا تۇزاققا تۇتۇلىدۇ.
چۈنكى ئاسماندىكى دېرىزىلەر ئېچىلىدۇ،
يەر ئۇللىرى تەۋرەپ كېتىدۇ.
19 يەر مۇتلەق دەزلىنىپ كېتىدۇ،
يەر پۈتۈنلەي پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ،
يەر دەھشەتلىك تەۋرىنىدۇ.
20 يەر مەست ئادەمدەك ئىلەڭ-سىلەڭ ماڭىدۇ؛
خۇددى لاپاستەك ئىرغاڭشىپ قالىدۇ.
چۈنكى ئۇنىڭدىكى ئاسىيلىق گۇناھى ئۆزىنى قاتتىق باسىدۇ،
ئۇ يىقىلىپ، ئىككىنچى تۇرالمايدۇ.
21 شۇ كۈنىدە شۇنداق بولىدۇكى،
پەرۋەردىگار يۇقىرىدا تۇرغان قوشۇنلارنى يۇقىرىدا،
ۋە يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارنى يەر يۈزىدە جازالايدۇ.
22 ئۇلار ئورەككە يىغىلىدىغان بىر توپ ئەسىرلەردەك يىغىۋېلىنىدۇ،
گۇندىخانىغا سولاپ قويۇلىدۇ.

---

**17:24** يەر. 43:48

**18:24 «ۋەھىمە.. ئورا.. تۇزاق..»** ــ بۇ ئۈچ سۆزنىڭ ئاھاڭى ئىبرانىي تىلدا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر.

**18:24** يەر. 44:48؛ ئام. 19:5

**20:24** ئايۇپ 18:27؛ يەش. 1:8؛ 14:19

**21:24 «يۇقىرىدا تۇرغان قوشۇنلار»** ــ بەلكىم شەيتاننىڭ جىنلاردىن تەركىب تاپقان، تۆۋەن ئاسمانلاردا يۈرىدىغان قوشۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

نۇرغۇن كۈنلەردىن كېيىن ئۇلار جازالىنىدۇ.
[23] ئاي ئۇياتلىقتا قالىدۇ؛
كۈنمۇ خىجىل بولۇپ كۆرۈنمەيدۇ؛
چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار زىئون
تېغىدا، يەنى يېرۇسالېمدا سەلتەنىتىنى يۈرگۈزىدۇ؛
ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئۆز ئاقساقاللىرى ئالدىدا پارلايدۇ!

## خۇدانى مەدھىيىلەيدىغان، ئاخىرقى زاماندىكى ناخشا

25 [1] پەرۋەردىگار، سەن مېنىڭ خۇدايىم؛
مەن سېنى ئۇستۇن دەپ مەدھىيىلەيمەن،
مەن سېنىڭ نامىڭنى مۇبارەكلەيمەن،
چۈنكى سەن كارامەت ئىشلارنى،
سادىقلىق ۋە ھەقىقەت ئىچىدە قەدىمدىن بۇيان قەلبىڭگە
پۈككەنلىرىڭنى بەجا كەلتۈرگەنسەن.
[2] چۈنكى سەن شەھەرنى خارابىلىك،
قەلئە-قورغانلىق يۇرتنى خاراب،
ياتلارنىڭ ئوردىسىنى شەھەر بولالماس قىلغانسەن،
ئۇ ئىككىنچى ھەرگىز قۇرۇلمايدۇ.
[3] شۇڭا ھېلىقى كۈچلۈك خەلق سېنى ئۇلۇغلايدۇ،

**22:24 «نۇرغۇن كۈنلەردىن كېيىن ئۇلار جازالىنىدۇ»** — ئىبرانىي تىلدا «نۇرغۇن كۈنلەردىن كېيىن ئۇلار يوقلىنىدۇ». خۇدا مەلۇم خەلقنى «يوقلىسا»، بۇ يوقلاشنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنى (ئا) بەرىكەتلەش ئۈچۈن ياكى (ئە) جازالاش ئۈچۈن بولىدۇ.
—بۇ سىرلىق بېشارەتنى ئىنجىل «ۋەھىي» قىسمىدىن كۆپرەك چۈشىنىمىز. قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە، بار جىن-شەيتانلار (ئۇستۇندىكى قوشۇنلار...)نى ھاڭغا تاشلايدۇ. ئۇلار يەنە بىر مىڭ يىلدىن كېيىن يەر يۈزىدىكىلەرنى سىناش ئۈچۈن ۋاقىتلىق قويۇۋېتىلىدۇ. «ۋەھىي» 19-20-بابلارنى كۆرۈڭ.
**23:24** يەش. 10:13؛ ئەز. 7:32؛ يو. 31:2؛ 15:3
**2:25** يەش. 9:21؛ 13:23؛ ۋەھ. 8:14؛ 2:18

ئەشەددىي ئەللەرنىڭ ھېلىقى شەھىرى سەندىن قورقىدۇ؛
5-4 چۈنكى سەن مىسكىنلەرگە قورغان،
يوقسۇللارنىڭ دەردى-ھاجىتىگە قورغان،
بورانغا دالدا،
ئىسسىققا سايە بولغانسەن؛
چۈنكى ئەشەددىيلەرنىڭ زەربە دولقۇنى تامغا ئۇرۇلغان بوراندەك،
قاغجىراق يەرنى باسقان ئىسسىق ھاۋادەك بولدى.
بىراق ئىسسىق ھاۋا بۇلۇت سايىسى بىلەن توسۇلغاندەك،
سەن ياتلارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرىنى پەسەيتىسەن؛
ئەشەددىيلەرنىڭ غەلىبە ناخشىسى پەس قىلىنىدۇ.
6 ۋە مۇشۇ تاغدا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
بارلىق قوۋملار ئۈچۈن زىياپەت قىلىدۇ ــ
مايلىق يېمەكلىكلەر،
سۈزدۈرۈلگەن كونا شارابلار،
يىلىكى توق مايلىق يېمەكلىكلەر،
سۈزدۈرۈلگەن، ياخشى ساقلانغان كونا شارابلاردىن بولغان زىياپەت بولىدۇ؛
7 ۋە ئۇ مۇشۇ تاغدا ھەممە قوۋملارنى ياپىدىغان چۈمپەردىنى،
بارلىق ئەللەرنى ياپىدىغان ياپقۇچنى يوقىتىدۇ؛
8 ئۇ ئۆلۈمنى مەڭگۈگە يۇتۇپ يوقىتىدۇ!
رەب پەرۋەردىگار ھەربىر يۈزدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋېتىدۇ؛
پۈتكۈل يەر-زېمىن ئالدىدا ئۆز خەلقىنىڭ شەرمەندىلىكىنى ئېلىپ تاشلايدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار شۇنداق ئېيتقان.
9 ۋە شۇ كۈندە دېيىلىدۇكى: ــ

---

**6:25** **«يىلىكى توق مايلىق يېمەكلىكلەر»** ــ يەھۇدىيلار ئۈچۈن، شۇنداقلا بارلىق قەدىمكى خەلقلەر ئۈچۈن مايلىق ۋە يىلىكلىك يېمەكلىكلەر ئەڭ ئېسىل تاماق ئىدى.

**8:25** 1كور. 54:15

«مانا، خۇدايىمىز مۇشۇ، بىز ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ كەلگەن،
ئۇ بىزنى قۇتقۇزىدۇ؛
مانا، مۇشۇ پەرۋەردىگاردۇر، بىز ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ كەلگەن،
بىز شادلىنىپ ئۇنىڭ نىجات-قۇتقۇزۇشىدىن خۇرسەن بولىمىز.
10 چۈنكى مۇشۇ تاغقا پەرۋەردىگارنىڭ قولى قونۇپ تۇرىدۇ؛
ۋە سامان ئازگالدا تېزەك بىلەن چەيلەنگەندەك، موئاب ئۇنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا چەيلىنىدۇ؛
11 موئاب ئاشۇ تېزەكلىك ئازگالدىن ئۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن قولىنى كېرىدۇ،
بىراق ئۇنىڭ قولى چېۋەر بولغىنى بىلەن، رەب ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى پەس قىلىدۇ.
12 ئۇ سېپىللىرىڭنىڭ ئېگىز مۇداپىئەلىك قورغانلىرىنى غۇلىتىپ،
يەر بىلەن يەكسان قىلىپ،
تۇپا-چاڭغا ئايلاندۇرىدۇ.

## ئىككى شەھەر ـ يېڭى يېرۇسالېم ۋە «دۇنيانىڭ شەھىرى»

26 1 شۇ كۈندە يەھۇدانىڭ زېمىنىدا مۇنۇ ناخشا ئېيتىلىدۇ: ـ
«مۇستەھكەم بىر شەھىرىمىز بار؛
ئۇ نىجاتلىقنى ئۇنىڭغا سېپىل ۋە تىرەكلەر قىلىپ بېكىتىپ قويىدۇ.
2 ۋاپادارلىقنى چىڭ تۇتقان ھەققانىي ئەلنىڭ كىرىشى ئۈچۈن،

---

10:25 **«مۇشۇ تاغقا پەرۋەردىگارنىڭ قولى قونۇپ تۇرىدۇ»** ــ دېمەك، خۇدا شۇنداق قىلىپ، بەخت ۋە ئارام ئاتا قىلىپ، ئۆزىنى تونۇتىدۇ.
11:25 **«رەب ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى پەس قىلىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى پەس قىلىدۇ».
**11:25** يەش. 6:16
1:26 **«ئۇ نىجاتلىقنى ئۇنىڭغا سېپىل ۋە تىرەكلەر قىلىپ بېكىتىپ قويىدۇ»** ــ «ئۇ» ــ رەب پەرۋەردىگارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.
**1:26** زەب. 46:4-5؛ 125:1؛ پەند. 18:10

دەرۋازىلارنى ئېچىپ بېرىڭلار!
3 كىم ئۆزىنىڭ ئەقىدە، ئوي-خىيالى ساڭا باغلىغان بولسا،
سەن ئۇنى مۇتلەق خاتىرجەملىكتە ساقلايسەن؛
چۈنكى ئۇ ساڭا ئىشەنچ-ئېتىقاد باغلىغاندۇر.
4 مەڭگۈگە پەرۋەردىگارغا تايىنىڭلار؛
چۈنكى ياھ پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن ئەبەدىلئەبەدلىك بىر قورام تاشتۇر.
5 چۈنكى ئۇ يۇقىرىدا تۇرغانلارنى پەسكە چۈشۈرىدۇ؛
ئاشۇ ئالىي شەھەرنى، ئۇ پەس قىلىدۇ؛
ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈپ، توپا-چاڭغا ئايلاندۇرىدۇ.
6 ئۇ پۇت بىلەن چەيلىنىدۇ؛ ئۇ مۆمىنلەرنىڭ پۇتلىرى،
مىسكىنلەرنىڭ قەدەملىرى بىلەن چەيلىنىدۇ!
7 ھەققانىينىڭ يولى بولسا تۈزدۇر؛
ئى ئەڭ تۈز يوللۇق بولغۇچى،
سەن ھەققانىي ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىنى ئوڭ قىلىسەن.
8 ئى پەرۋەردىگار، بىز دەرھەقىقەت سېنىڭ ھۆكۈملىرىڭنىڭ يولىدا
مېڭىپ، سېنى كۈتۈپ كەلدۇق؛
جېنىمىزنىڭ تەشنالىقى شۇدۇركى، نامىڭ ۋە شۆھرىتىڭ ئاشسۇن!
9 ۋۇجۇدۇم بىلەن كېچىلەردە ساڭا تەشنا بولدۇمەن؛
بەرھەق، تاڭ سەھەرلەردىمۇ روھىم بىلەن ئىچ-ئىچىمدىن سېنى
ئىزدىدىم؛
چۈنكى ھۆكۈملىرىڭ يەر يۈزىدە كۆرۈنگەن بولسا،

---

**4:26 «ياھ»** ــ بولسا «ياھۋەھ»نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى (1:1-ئىزاھاتنى كۆرۈڭ).

**5:26 «يۇقىرىدا تۇرغانلار»** ــ بەلكىم 25-باب، 11-ئايەتتىكى «يۇقىرىدا تۇرغان قوشۇنلار»غا ئوخشاش، جىن-شەيتانلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. **«ئاشۇ ئالىي شەھەر»** ــ بەلكىم دۇنيادىكى خۇداسىزلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان بابىل، يەنى يۇقىرىقى بابلاردىكى «مەنىسىز شەھەر» بولۇشى مۇمكىن.

يەر يۈزىدىكىلەر ھەققانىيلىقنى ئۆگىنىدۇ.
[10] رەزىل ئادەمگە رەھىم كۆرسىتىلسىمۇ،
ئۇ يەنىلا ھەققانىيلىقنى ئۆگەنمەيدۇ؛
ھەتتا دۇرۇسلۇق تۇرغان زېمىندىمۇ ئۇ يەنىلا ئادىلسىزلىق قىلىۋېرىدۇ،
پەرۋەردىگارنىڭ شانۇ-شەۋكىتىنى كۆرمەيدۇ.
[11] ئى پەرۋەردىگار، قولۇڭ كۆتۈرۈلدى،
بىراق ئۇلار كۆرمەيدۇ.
ھالبۇكى، ئۆز خەلقىڭگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىڭنى ئۇلار كۆرىدۇ
ھەم خىجىل بولىدۇ؛
كۈشەندىلىرىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان ئوت ئۇلارنى بەرھەق يۇتۇۋېتىدۇ.
[12] ئى پەرۋەردىگار، سەن بىزگە خاتىرجەملىك نېسىپ قىلىسەن؛
چۈنكى بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ ۋۇجۇدقا چىقارغانسەن.
[13] دەرۋەقە، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، ئىلگىرى سەندىن باشقا «رەبلەر» ئۈستىمىزدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان؛
ئەمدىلىكتە پەقەت ساڭا تايىنىپلا نامىڭنى ئەسلەپ تىلغا ئالىمىز.
[14] ئۇلار بولسا ئۆلدى، قايتىدىن ياشىمايدۇ؛
ئەرۋاھ بولۇپ كەتتى، قايتا تىرىلمەيدۇ؛

**9:26 «ھۆكۈملىرىڭ يەر يۈزىدە كۆرۈنگەن بولسا»** ــ بۇ سۆزنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار: ــ بىرىنچىسى «ئادىل قانۇنلىرىڭ دۇنيادا (خەلقىڭنىڭ ياخشى قىلغانلىقى ئارقىلىق) ئايان قىلىنسا...».
—ئىككىنچى مەنىسى «تەربىيىلىك جازا ھۆكۈملىرىڭ دۇنيادا پەيدا بولسا...». ئىككىلا مەنىسى، بولۇپمۇ ئىككىنچى مەنىسى توغرا بولسا كېرەك (10-ئايەتنى كۆرۈڭ).
**10:26 «ھەتتا دۇرۇسلۇق تۇرغان زېمىندىمۇ ئۇ رەزىل ئادەم يەنىلا ئادىلسىزلىق قىلىۋېرىدۇ»** ــ ئادىللىقنى بەجا كەلتۈرۈش بىئادىل مۇھىت ئاستىدا تەس، ئەلۋەتتە. ئەتراپتىكىلەر ئادىل بولسا، ئۆزىنىڭ ئادىل بولمىقى ئاسانراق بولىدۇ. بىراق رەزىللەر يەنىلا بىئادىللىق قىلىدۇ.
**12:26 «چۈنكى بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ ۋۇجۇدقا چىقارغانسەن»** ــ ياكى «چۈنكى ھەممە ئەمەللىرىمىزنى ئەمەلىيلەشتۈرگۈچى ئۆزۈڭدۇرسەن».
**13:26 «ئەمدىلىكتە پەقەت ساڭا تايىنىپلا نامىڭنى ئەسلەپ تىلغا ئالىمىز»** ــ خۇدانىڭ «قالدىسى»ى، يەنى خۇداغا سادىق بولغانلار، «پەقەت سېنىڭ مېھىر-شەپقىتىڭ ئارقىلىقلا سادىق بولدۇق» دېگەندەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

**چۈنكى سەن ئۇلارنى جازالاپ يوقاتتىڭ،**
**ئۇلارنى ئادەملەرنىڭ ئېسىدىمۇ قىلچە قالدۇرمىدىڭ.**
[15] **سەن ئەلنى ئۈلغايتقانسەن، ئى پەرۋەردىگار؛**
**ئەلنى ئۈلغايتقانسەن،**
**ئۆزۈڭگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەنسەن؛**
**زېمىننىڭ چېگرالىرىنى ھەرتەرەپكە ئۈزارتقانسەن.**

## ئىسرائىل قانداق يول بىلەن ئازاد قىلىنغان؟

[16] **ئى پەرۋەردىگار، ئۇلار دەرد-ئەلەم ئىچىدە قالغاندا، سېنى ئىزدىدى؛**
**تەربىيىلىك جازالىشىڭ ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەندە،**
**ئۇلار ئاھ ئۇرۇپ، پىچىرلاپ بىر دۇئانى قىلدى: ــ**
[17] **«بوشىنىش ئالدىدا تۇرغان، تولغىقى تۇتۇپ، ئاغرىقتىن ۋارقىرىغان**
**بىر ھامىلىدار ئايالدەك،**
**بىز سېنىڭ ئالدىڭدا شۇنداق بولدۇق، ئى پەرۋەردىگار.**
[18] **بىز ئىككى قات بولۇپ، تولغاقتا چۈشتۇق،**
**بىراق پەقەت يەللا چىقاردۇق؛**
**يەر يۈزىدىكىلەر ئۈچۈن ھېچ نىجات-قۇتقۇزۇشنى يەتكۈزمىدۇق؛**
**دۇنيادىكى ئادەملەر ھېچ تۇغۇلمىدى».**

---

14:26 **«ئۇلار بولسا ئۆلدى»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۇلار» 13-ئايەتتىكى «باشقا رەبلەر»، يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ياكى ئىسرائىل چوقۇنغان بۇتلارنىڭ كەينىدە تۇرغان جىن-شەيتانلار بولسا كېرەك.
15:26 **«سەن ئەلنى... زېمىننىڭ ... ھەرتەرەپكە ئۈزارتقانسەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «سەن... ئەسلىدە ئۇلارنى (ئەلنى، يەنى ئىسرائىلنى) جاھاننىڭ ئەڭ چېتىگە سۈرگۈن قىلغانسەن».
17:26 يـۇھ. 21:16
18:26 **«دۇنيادىكى ئادەملەر ھېچ تۇغۇلمىدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «دۇنيادا تۇرغانلار ھېچ يىقىلمىدى» (دېمەك، ئۇرۇشتا بىزدە ھېچ غەلىبە بولمىدى). بىراق بىزنىڭچە يۇقىرىقى تەرجىمىسى توغرا. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئايەت خۇدانىڭ ئىسرائىل توغرۇلۇق بولغان چوڭقۇر مەقسىتى ئۈستىدە توختىلىدۇ، دەپ قارايمىز. ئۇ ئىسرائىل ئارقىلىق دۇنيادىكىلەرگە نىجات-قۇتقۇزۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى يېڭى ھاياتقا، يەنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرۈپ، قايتىدىن تۇغدۇرماقچى. لېكىن ئىسرائىل خۇدانىڭ شۇ مەقسىتىگە قورال بولۇشقا لايىقەتسىز بولۇپ قالدى . شۇڭا خۇدا ئۆزى (19-20ئايەتلەر ۋە تۆۋەندىكى بابلارغا ئاساسەن) شۇ ئىشنى قىلىدۇ، دەيدۇ.

## خۇدانىڭ ئىسرائىلنىڭ دۇئاسىغا بولغان جاۋابى

[19] «ساڭا تەۋە ئۆلگەن ئادەملەر ياشايدۇ؛
مېنىڭ جەسەتلىرىم تىرىلىپ، ئۇلار ئورنىدىن تۇرىدۇ.
ئى تۇپا-چاڭدا ياتقانلار، ئويغىنىپ ناخشا ياڭرىتىڭلار!
شەبنىمىڭ تاڭ سەھەرنىڭ شەبنىمىدەكتۇر؛
يەر-زېمىن ئۆزىدە ئۆلگەنلەرنى تۇغۇپ بېرىدۇ.
[20] ئى خەلقىم، كېلىڭلار،
ئۆيۈڭلارغا كىرىپ، كەينىڭلاردىن ئىشىكلەرنى ئېتىپ قويۇڭلار؛
مېنىڭ دەرغەزىپىم ئۆتكۈچە، ئۆزۈڭنى بىر دەملىك يوشۇرۇۋال.
[21] چۈنكى قارا،
پەرۋەردىگار ئۆز جايىدىن چىقىپ،
يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ گۇناھىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرماقچى؛
يەر بولسا ئۈستىگە تۆكۈلگەن قانلارنى ئاشكارىلايدۇ،
ئۆزىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ھامان يېپىۋەرمەيدۇ.

## شەيتاننىڭ جازالىنىشى
## ئىسرائىللار يىغىلىپ خۇداغا مېۋە بېرىدۇ

27 [1] شۇ كۈندە پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك، بۈيۈك ۋە
كۈچلۈك شەمشىرى بىلەن ئۈچقۇر يىلان لېۋىئاتاننى،
يەنى تولغانغۇچى يىلان لېۋىئاتاننى جازالايدۇ؛

19:26 **«ساڭا تەۋە ئۆلگەن ئادەملەر»** — بۇ سۆزنى ئاڭلاۋاتقان «قالدى»لارنىڭ ئۆزى سۆيگەن مەرھۇملارنى كۆرستىشى مۇمكىن. **«مېنىڭ جەسەتلىرىم تىرىلىپ، ئۇلار ئورنىدىن تۇرىدۇ»** — بەزىدە ئىبرانىي تىلىدا بىرلىك سان كۆپلۈك سانىنى بىلدۈرىدۇ؛ بىراق مۇشۇ ئايەت قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ تىرىلىشى بىلەن باشقىلارمۇ تىرىلىدۇ، دېگەن بېشارەتلىك مەنىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن (ئىنجىل، «مات.» 52:27نى، «رىم.»، 3:6-11نى كۆرۈڭ).

**20:26** 2كور. 17:4

**ئۇ يەنە دېڭىزدا تۇرغان ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ.**
**2 شۇ كۈنى ساپ شاراب بېرىدىغان بىر ئۈزۈمزار بولىدۇ!**
**ئۇ توغرۇلۇق ناخشا ئېيتىڭلار!**
**3 ئۆزۈم پەرۋەردىگار ئۇنى ساقلايمەن؛**
**مەن ھەر دەقىقە ئۇنى سۇغىرىمەن؛**
**بىرسى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمىسۇن دەپ كېچە-كۈندۈز ساقلايمەن.**
**4 غەزەپ مەندە قالمىدى؛**
**ئاھ، ماڭا قارشى جەڭ قىلىدىغان تىكەنلەر ياكى جىغانلار بولسائىدى!**
**ئۇنداق بولسا مەن ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلاتتىم،**
**ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ كۆيدۈرۈۋېتەتتىم!**
**5 بولمىسا ئۇ مېنى باشپاناھلىق قىلىپ تۇتسۇن؛**
**ئۇ مەن بىلەن بىرلىكتە خاتىرجەملىكتە بولسۇن،**

---

1:27 **«پەرۋەردىگار ... شەمشىرى بىلەن ئۇچقۇر يىلان لېۋىئاتاننى، يەنى تولغانغۇچى يىلان لېۋىئاتاننى جازالايدۇ؛ ئۇ يەنە دېڭىزدا تۇرغان ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ»** — لېۋىئاتان چوڭقۇر دېڭىز ئاستىدا ياشايدىغان قورقۇنچلۇق ئەجدىھاغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھايۋان. بەزى ئالىملار ئۇنى تىمساھ دەيدۇ، بىراق بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز. (تەۋراتتىكى «ئايۇپ» لېۋىئاتان توغرىسىدىكى 41-بابتىكى ئىزاھاتلىرىمىز ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ).
—«جازالاش» دېگەن سۆزدىن، بىرخىل يامان روھنىڭ كۈچىنىڭ لېۋىئاتاننىڭ كەينىدە تۇرۇشى بىلەن، لېۋىئاتاننى رەزىللىكنىڭ بىر ۋەكىلى بولىدۇ دەپ چۈشىنىمىز. ئىنجىل «ۋەھيي» 12-، 13- ھەم 20-بابقا ئاساسەن چۈشىنىمىزكى، لېۋىئاتان شەيتاننىڭ ئۆزى ھەم ئۆزىنىڭ ئاخىرقى زاماندىكى ۋەكىلى بولغان دەججالنى بىلدۈرىدۇ. **«ئۇچقۇر يىلان»** — لېۋىئاتان شەيتاننىڭ ئاسماندىكى ئىپادىسى، «تولغانغۇچى يىلان» يەر يۈزىدىكى ئىپادىسى، «ئەجدىھا» دېڭىزدىكى ئىپادىسىدۇر.
**1:27** ۋەھ. 9:12
2:27 **«ساپ شاراب بېرىدىغان بىر ئۈزۈمزار»** — ياكى «بەك يېقىملىق بىر ئۈزۈمزار».
4:27 **«غەزەپ مەندە قالمىدى»** — بەلكىم ئىسرائىلغا قارىتىلغان غەزەپنى كۆرسىتىدۇ. **«ئاھ، ماڭا قارشى جەڭ قىلىدىغان تىكەنلەر ياكى جىغانلار بولسائىدى!... ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ كۆيدۈرۈۋېتەتتىم!»** — خۇدانىڭ ئۆز ئۈزۈمزارى بولغان ئىسرائىلغا (5-بابنى يەنە كۆرۈڭ) شۇنچە خۇرسەنلىكى ۋە قىزغىنلىقى باركى، ئۇ «ئۇلارغا بولغان قوغداش مۇھەببىتىمنى كۆرسىتىش پۇرسىتى بولسۇن ئۈچۈن، بىر تال تىكەنلا پەيدا بولسائىدى!» دەپ تىلىگەندەك قىلىدۇ.

دەرھەقىقەت، ئۇ مەن بىلەن بىرلىكتە خاتىرجەملىكتە بولسۇن!
6 كەلگۈسى كۈنلەردە، ياقۇپ يىلتىز تارتىدۇ؛
ئىسرائىل بىخلىنىپ، چېچەكلەيدۇ،
ئۇلار پۈتكۈل يەر يۈزىنى مېۋە-چېۋە بىلەن قاپلايدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مۇئامىلىسى

7 پەرۋەردىگار ئىسرائىلنى ئۇرغانلارنى ئۇرغانچىلىك ئىسرائىلنى
ئۇرۇپ باققانمۇ؟
ئۇ قىرغانلاردەك ئىسرائىل قىرىلىپ باققانمۇ؟
8 سەن ئۇلارنى ئەيىبلىگەندە ئۆلچەمدىن تۆۋەن جازالاپ ئۇلارنى
پالۋەتكەنسەن؛
شەرق شامىلى چىققان كۈندە ئۇ ئۇنىڭ زەربىلىك شامىلى بىلەن

---

5:27 **«بولمىسا ئۇ مېنى باشپاناھلىق قىلىپ تۇتسۇن؛ ئۇ مەن بىلەن بىرلىكتە خاتىرجەملىكتە بولسۇن!...»** — خۇدا ھەتتا ئۆزىگە قارشى تۇرغان بىر تىكەنگىمۇ توۋا قىلىش، خاتىرجەملىككە كېلىش پۇرسىتىنى يەتكۈزىدۇ! بۇنى ئىككى قېتىم دېيىش، بۇنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.
6:27 **«ئۇلار ئىسرائىل پۈتكۈل يەر يۈزىنى مېۋە-چېۋە بىلەن قاپلايدۇ»** — مۇشۇ سۆز بابىل شەھىرىنىڭ «يەر يۈزىنى شەھەرلەر بىلەن قاپلايلى» (21:14) دېگەن مەقسىتى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.
—شۇ چاغدا بولسا خۇدانىڭ ئۆز ئۇزۇمزارى بولغان ئىسرائىلدىن كۆتكەن ئۇمىدى (5-بابتا خاتىرىلەنگەندەك) كۆپ جەھەتلەردىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.
**6:27** زەب. 16:72
7:27 **«پەرۋەردىگار ئىسرائىلنى ئۇرغانلارنى ئۇرغانچىلىك ئىسرائىلنى ئۇرۇپ باققانمۇ؟ ئۇ قىرغانلاردەك ئىسرائىل قىرىلىپ باققانمۇ؟»** — ئىبرانىي تىلىدا ئىنتايىن قىسقارتىلىپ ئىپادىلىنىدۇ: «ئۇ ئىسرائىلنى ئۇرغانلارنى ئۇرغان دەرىجىدە ئۇنى ئۇرۇپ باققانمۇ؟ ئۇ (خۇدا) قىرغانلاردەك، ئۇ (ئىسرائىل) قىرىلىپ باققانمۇ؟»».
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگار ئىسرائىلنى باشقىلار ئۇرغان دەرىجىدە ئۇرۇپ باققانمۇ؟ ياكى ئىسرائىل ئەللەر تەرىپىدىن قىرىلغاندەك پەرۋەردىگار تەرىپىدىن قىرىلىپ باققانمۇ؟»».

ئۇلارنى قوغلىۋەتكەن.
9 ئەمدى شۇ يول بىلەن ياقۇپنىڭ قەبىھلىكى كەچۈرۈم قىلىنىدۇكى، ــ
ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنىڭ پىشقان مېۋىسى شۇ
بولىدۇكى: ــ
ئۇ قۇربانگاھتىكى ھەممە تاشلارنى كۇكۇم-تالقان قىلىدۇ،
«ئاشەراھ»لارنى ۋە «كۈن تۈۋرۈكلىرى»نى زادىلا تۇرغۇزمايدۇ.
10 چۈنكى مۇستەھكەملەنگەن شەھەر غېرىب بولۇپ قالىدۇ،
ئادەمزاتسىز ماكان ھەم تاشلىۋېتىلگەن باياۋاندەك بولىدۇ؛
شۇ يەردە موزاي ئوزۇقلىنىدۇ،
شۇ يەردە يېتىپ، ئۇنىڭ شاخلىرىنى يەيدۇ.
11 ئۇنىڭ شاخلىرى سولىشىش بىلەن ئۇزۇلىدۇ؛
ئاياللار كېلىپ ئۇلارنى ئوتۇن قىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.
چۈنكى بۇ بىر يورۇتۇلمىغان خەلق؛
شۇڭا ئۇلارنى ياراتقۇچى ئۇلارغا رەھىم قىلمايدۇ؛
ئۇلارنى شەكىللەندۈرگۈچى ئۇلارغا شەپقەت كۆرسەتمەيدۇ.

---

8:27 **«سەن ئۇلارنى ئەيىبلىگەندە ئۆلچەمدىن تۆۋەن جازالاپ ئۇلارنى پالىۋەتكەنسەن؛ شەرق شامىلى چىققان كۈندە ئۇ ئۇنىڭ زەربىلىك شامىلى بىلەن ئۇلارنى قوغلىۋەتكەن»** ــ دېمەك، 7-ئايەتتە دېيىلگىنىدەك، خۇدا ئىسرائىلنى تەربىيىلەپ جازالىغاندا «ئۆلچەمدىن تۆۋەن» جازالىغان؛ شەرق شامىلى زەربىلىك بولغىنى بىلەن دائىملىق ئەمەس، پەقەت تۇرۇپ-تۇرۇپ سوقۇپ تۇرىدۇ. باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن.

**8:27** يەر. 11:30؛ 28:46

9:27 **«ياقۇپنىڭ قەبىھلىكى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ياقۇپنىڭ قەبىھلىكى يېپىلىدۇ» ياكى «ياقۇپنىڭ قەبىھلىكى كەفارەت قىلىنىدۇ». **«قۇربانگاھتىكى ھەممە تاشلار...»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «قۇربانگاھ» بەلكىم بۇتلارغا چوقۇنۇشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە. **«ئاشەراھ»** ــ «ئاشەراھ» بۇتلىرى ۋە خۇشبۇيگاھلار بولسا، 17-باب، 8-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

10:27 **«مۇستەھكەملەنگەن شەھەر»** ــ مۇشۇ «مۇستەھكەملەنگەن شەھەر» بولسا، ئاۋۋال بابىلنى كۆرسەتسە كېرەك؛ بىراق 24:10-ئايەتتىكى ئىزاھاتتا دېگىنىمىزدەك، بابىلنىڭ ئۆزى كەلگۈسى «پۈتكۈل خۇداسىز دۇنيا»نى بىلدۈرىدۇ.

12 ۋە شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى،
پەرۋەردىگار ئەفرات دەرياسىنىڭ ئېقىملىرىدىن تارتىپ مىسىر
ۋادىسىغىچە ھەر يەرنى سىلكىيدۇ،
ۋە سىلەر بىر-بىرلەپ تېرىپ يىغىۋېلىنىسىلەر،
ئى ئىسرائىل باللىرى!
13 ۋە شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، بۈيۈك كاناي چېلىنىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئاسۇرىيە زېمىنىدا تۈگىشەي دەپ قالغانلار،
ۋە مىسىر زېمىنىدا مۇساپىر بولغانلار كېلىدۇ؛
ئۇلار يېرۇسالېمدا مۇقەددەس تاغ ئۈستىدە پەرۋەردىگارغا ئىبادەت
قىلىدۇ.

## ئەفرائىم، يەنى «شىمالىي پادىشاھلىق» توغرۇلۇق بىر بېشارەت بىردىنبىر ئۇل نېمە؟

28 1 ئەفرائىمدىكى مەيخورلارنىڭ بېشىدىكى تەكەببۇرلۇق بىلەن
تاقىۋالغان گۈللۈك تاجىغا ۋاي!
مۇنبەت جىلغىنىڭ بېشىغا تاقىۋالغان،
يەنى ئۇلارنىڭ سولىشىپ قالغان «پەخرى» بولغان گۈلىگە ۋاي!

---

12:27 **«ئەفرات دەرياسىنىڭ ئېقىملىرىدىن تارتىپ مىسىر ۋادىسىغىچە»** — مۇشۇ ئىبارە ئىسرائىلنىڭ بارلىق زېمىنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پات-پات ئىشلىتىلىدۇ. خەرىتىلەرنى كۆرۈڭ.
**12:27** يەش. 5:17
13:27 **«شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، بۈيۈك كاناي چېلىنىدۇ»** — خۇدانىڭ خەلقىنى چاقىرىدىغان، ئاخىرقى زاماندىكى مۇشۇ «بۈيۈك كاناي» مۇقەددەس كىتابتا باشقا كۆپ يەرلەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. يەشايا ئۆزى 18-بابتا ئۇ توغرىسىدا توختىلىدۇ.
—مۇشۇ يەردە، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنىڭ بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاقلىقى، يەھۇدىي ئەمەسلەر (ئاسۇرىيە زېمىنىدا تۈگىشەي دەپ قالغانلار... مىسىر زېمىنىدا مۇساپىر بولغانلار) خۇداغا تايانغان يەھۇدىيلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا مىراسخور بولىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.
**13:27** ئەك. 14:9؛ مات. 31:24؛ 1كور. 52:15، 1تېس. 16:4؛ ۋەھ. 10:7، 15:11

**ئى شارىنىڭ ئەسرى بولغانلار!**
**[2] مانا، رەب بىر كۈچ ۋە قۇدرەت ئىگىسىنى هازىرلىدى؛**
**ئۇ بولسا، مۆلدۈرلۈك جۇدۇن ھەم ۋەيران قىلغۇچى بوراندەك،**
**دەھشەت بىلەن تاشقان كەلكۈن سۇلىرىدەك،**
**ئەشەددىيلەرچە تاجنى يەرگە ئۇرىدۇ.**
**[3] ئەفرائىمدىكى مەيخورلارنىڭ بېشىدىكى تەكەببۇرلۇق بىلەن**
**تاقىۋالغان گۈللۈك تاجى ئاياغ ئاستىدا چەيلىنىدۇ؛**
**[4] ۋە مۇنبەت جىلغىنىڭ بېشىدا تاقىۋالغان،**
**ئۇلارنىڭ «پەخرى» بولغان سولىشىپ قالغان گۈلى بولسا،**
**بالدۇر پىشقان ئەنجۈردەك بولىدۇ؛**
**ئۇنى كۆرگەن كىشى كۆرۈپلا،**
**قولىغا ئېلىپ كاپ ئېتىپ يۇتۇۋالىدۇ.**
**[5] شۇ كۈنىدە، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۆز**
**خەلقىنىڭ قالدىسى ئۈچۈن شەرەپلىك بىر تاج،**
**شۇنداقلا كۆركەم بىر چەمبىرەك بولىدۇ.**
**[6] ئۇ يەنە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئولتۇرغانلارغا توغرا ھۆكۈم چىقارغۇچى روھ،**
**ۋە دەرۋازىدا جەڭنى چېكىندۈرگۈچىگە كۈچ بولىدۇ.**

---

**1:28 «ئەفرائىمدىكى مەيخورلارنىڭ بېشىدىكى تەكەببۇرلۇق بىلەن تاقىۋالغان گۈللۈك تاجىغا ۋاي!...»** — ئەفرائىمنىڭ بەگلىرى ھاراق ئىچىشكە بەك ئامراق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئاساسەن، ئابرۇيلۇق ئادەملەر ئولتۇرۇشلاردا گۈل تاج تاقايتتى. يەشايا پەيغەمبەر، ئۇلارنىڭ «پەخرى» بولغان گۈلى، يەنى ئۇلارنىڭ «شان-شەرىپى» سولىشىپ كېتىپ يوقاي دەپ قالدى، دەيدۇ. ئاچ ئادەم كۆرۈپلا يەۋالىدىغان بىر تال ئەنجۈردەك ئۇلار يوقاپ كېتىشى مۇمكىن. ھازىر بولسا، تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ياكى ئەيش-ئىشرەت قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بەلكى توۋا قىلىپ پەرياد كۆتۈرۈش كېرەك، دېگەنلىكتۇر —«مۇنبەت جىلغا» — شىمالىي پادىشاھلىق (ئىسرائىل)نىڭ پايتەختى بولغان سامارىيە جايلاشقان جىلغىنى كۆرسەتسە كېرەك.

**6:28 «ئۇ يەنە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئولتۇرغانلارغا توغرا ھۆكۈم چىقارغۇچى روھ، ۋە دەرۋازىدا جەڭنى چېكىندۈرگۈچىگە كۈچ بولىدۇ»** — مۆتىۋەرلەر خەلق ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىش، سوت قىلىش ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىلىرىدا ئولتۇراتتى.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «دۈشمەننى دەرۋازىسىغىچە چېكىندۈرگۈچىگە كۈچ بولىدۇ» — دېمەك، ھۇجۇم قىلىدىغانلارغا كۈچ بولىدۇ.

## يېرۇسالېمدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئەھۋالى
## كىم خۇدانىڭ سۆزىنى چۈشىنەلەيدۇ؟

[7] بىراق بۇلارمۇ شاراب ئارقىلىق خاتالاشتى،
ھاراق بىلەن ئېزىقىپ كەتتى: ــ
ھەم كاھىن ھەم پەيغەمبەر ھاراق ئارقىلىق ئېزىقىپ كەتتى؛
ئۇلار شاراب تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان؛
ئۇلار ھاراق تۈپەيلىدىن ئەلەڭ-سەلەڭ بولۇپ ئېزىقىپ كەتتى؛
ئۇلار ئالدىن كۆرۈشتىن ئاداشتى، ھۆكۈم قىلىشتا ئېزىقىشتى؛
[8] چۈنكى ھەممە داستىخان بوش ئورۇن قالماي قۇسۇق ۋە نىجاسەت
بىلەن تولدى.

## ئەمىرلەر يەشايانى مازاق قىلىدۇ

[9] «ئۇ كىمگە بىلىم ئۆگەتمەكچىدۇ؟
ئۇ زادى كىمنى مۇشۇ خەۋەرنى چۈشىنىدىغان قىلماقچىدۇ؟»

## يەشايا جاۋاب بېرىدۇ

[10] ئېمىزلەندۈرۈلگەنلەرگە ئەمەسمۇ؟! ئەمچەكتىن ئايرىلغان بوۋاقلارغا
ئەمەسمۇ؟!

---

7:28 **«كاھىن»** ــ مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا خەلقلەرگە ۋەكىل بولۇپ قۇربانلىق قىلغۇچى.
**7:28** يەش. 11:5
**8:28** **«ھەممە داستىخان بوش ئورۇن قالماي قۇسۇق ۋە نىجاسەت بىلەن تولدى»** ــ مۆمكىنچىلىكى باركى، يەشايا ئوردا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىلەن يېرۇسالېمدىكى ئەربابلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا قاتنىشالايدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قارىغاندا، ئولتۇرۇشنىڭ سەۋەبى، مىسىر بىلەن ئاسۇرىيەگە قارشى تۈرۈش ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى كېلىشىم تۈزگەنلىكىنى تەبرىكلەشتىن ئىبارەت ئىدى. يەشايا ھەردائىم مۇنداق ئىتتىپاقنى تۈزمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلارنىڭ مازاقلىرىغا ئۇچرىغان.
**9:28** **«ئۇ كىمگە بىلىم ئۆگەتمەكچىدۇ؟ ئۇ زادى كىمنى مۇشۇ خەۋەرنى چۈشىنىدىغان قىلماقچىدۇ؟»** ــ مۇشۇ سۆزلەر، بەلكىم، زىياپەتتە ئولتۇرغانلار يەشايانى مازاق قىلىدىغان سۆز بولۇشى مۇمكىن. شۈبھىسىزكى، ئۇلار «پەقەت خۇداغىلا تايىنىشىمىز كېرەك» دېگەن خەۋەرنى ئىنتايىن ئاددىي، سەبىي بالىنىڭ كۆزقارىشى، خالاس، دەپ قارايتتى.

**چۈنكى خەۋەر بولسا ۋەزمۇۋەز، ۋەزمۇۋەزدۇر،**
**قۇرمۇقۇر، قۇرمۇقۇردۇر،**
**بۇ يەردە ئازراق،**
**شۇ يەردە ئازراق بولىدۇ...**
**11 چۈنكى دۇدۇقلايدىغان لەۋلەر ۋە يات بىر تىل بىلەن ئۇ مۇشۇ خەلققە سۆز قىلىدۇ.**
**12 ئۇ ئۇلارغا: ــ**
**«مانا، ئارام مۇشۇ يەردە،**
**ھالى يوقلارنى ئارام ئالدۇرۇڭلار؛**
**يېڭىلىنىش مۇشۇدۇر» ــ دېگەن،**

---

**10:28 «ئېغىزلاندۇرۇلغانلارغا ئەمەسمۇ؟! ئەمچەكتىن ئايرىلغان بوۋاقلارغا ئەمەسمۇ؟!»** ــ مۇشۇ سۆزلەر، بەلكىم، يەشايانىڭ جاۋابىنىڭ باشلىنىشى. يەشايا ئۇلارنىڭ «مۇشۇ كۆزقارىشىڭ بەك ئاددىي ئىكەن» دېگەن مازاق گەپلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ: «پەقەت ئاددىي ئادەملەر، سەبىي بالىدەك كىچىك پېئىل كىشىلەرلا مۇشۇلارنى چۈشىنەلەيدۇ، شۇنداقلا خۇدانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلالايدۇ. تەكەببۇر، ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغانلار ھەرگىز چۈشىنەلمەيدۇ»، دەيدۇ.
**—«چۈنكى خەۋەر بولسا ۋەزمۇۋەز، ۋەزمۇۋەزدۇر، قۇرمۇقۇر، قۇرمۇقۇردۇر، بۇ يەردە ئازراق، شۇ يەردە ئازراق بولىدۇ...»** ــ مۇشۇ سۆزنىڭ ئۈچ مۇھىم نۇقتىسى بار: ــ
—(1) يەشايا مۇشۇ يەردە كىتابىدىكى بېشارەتلەرنى تولۇق چۈشىنىشكە تولىمۇ مۇھىم بىر ئاچقۇچنى بېرىدۇ. بېشارەتلەر بىر-بىرلەپ، بىرسى بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلىسە، بىرسى ئۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەيدۇ، ھەممە بېشارەت ئارقىلىق بىزگە قانداق قىلىپ خۇداغا پۈتۈنلەي، ئەتراپلىق ئىشىنىپ تايىنىشنى ئۆگىتىدۇ
—(2) «ۋەزمۇۋەز، ... قۇرمۇقۇر...» ئىبرانىي تىلىدا «ساۋ، ساۋ،... كاۋ، كاۋ، ....» دېگەندەك كىچىك بالىنىڭ تەلەپپۇزىدا ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇدانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كىچىك بالىغا ئوخشاش كىچىك پېئىللىق بولۇشى كېرەك دەپ تەكىتلەيدۇ.
—(3) بالا سۆزلىگەندەك «ساۋ، ساۋ،... كاۋ، كاۋ، ....» دېگەن سۆزلەر يەنە كېلىپ يات بىر تىلدەك بولۇپ، 11-ئايەتنى تونۇشتۇرىدۇ. تۆۋەندىكى ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ.
**11:28 «چۈنكى دۇدۇقلايدىغان لەۋلەر ۋە يات بىر تىل بىلەن ئۇ مۇشۇ خەلققە سۆز قىلىدۇ»** ــ دېمەك، يېرۇسالېم ۋە يەھۇدالىقلار يات بىر دۆلەت تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ، يات يۇرتقا يۆتكىلىدۇ. ئۇلار خۇدانىڭ ئاددىي سۆزلىرىنى «بالىلارچە گەپ» دەپ مازاق قىلىپ رەت قىلىدۇ، نەتىجىدە مۇشۇنداق ئاۋازلار ئۇلاردا يامراپ كېتىدۇ.
**11:28** 1كور. 21:14

**بىراق ئۇلار ھېچنېمىنى ئاڭلاشنى خالىمىغان.**

**13 شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئۇلارغا: ــ**

**«ۋەزمۇۋەز، ۋەزمۇۋەزدۇر،**

**قۇرمۇقۇر، قۇرمۇقۇردۇر.**

**مۇشۇ يەرگە ئازراق،**

**شۇ يەرگە ئازراق بولىدۇ؛**

**شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغا كېتىۋېتىپ،**

**پۇتلىشىپ، ئوڭدا چۈشىدۇ،**

**سۇندۇرۇلۇپ،**

**تۇزاققا چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قالىدۇ.**

**14ــ شۇڭا ھەي سىلەر مازاق قىلغۇچىلار، يېرۇسالېمدا تۇرغان مۇشۇ خەلقنى ئىدارە قىلغۇچىلار،**

**پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قويۇڭلار!**

**15 چۈنكى سىلەر: ــ «بىز ئۆلۈم بىلەن ئەھدە تۈزدۇق،**

**تەھتىسارا بىلەن بىللە بىر كېلىشىم بېكىتتۇق؛**

**قامچا تاشقىندەك ئۆتۈپ كەتكەندە،**

**ئۇ بىزگە تەگمەيدۇ؛**

**چۈنكى يالغانچىلىقنى باشپاناھىمىز قىلدۇق،**

---

12:28 **«مانا، ئارام مۇشۇ يەردە، ھالى يوقلارنى ئارام ئالدۇرۇڭلار؛ يېڭىلىنىش مۇشۇدۇر»** ــ بۇ سۆزلەر يەشايا يەتكۈزگەن خەۋەرنىڭ جەۋھىرىدۇر. خۇداغا تايىنىش ــ ئاراملىقتۇر! **«دۇدۇقلايدىغان لەۋلەر ۋە يات بىر تىل بىلەن ئۇ پەرۋەردىگار مۇشۇ خەلققە سۆز قىلىدۇ... بىراق ئۇلار ھېچنېمىنى ئاڭلاشنى خالىمىغان»** ــ مەزكۇر بېشارەت (11-13) توغرۇلۇقمۇ «1كور. 14:21-22 ۋە ئۇنىڭغا باغلىق «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

13:28 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغا كېتىۋېتىپ، پۇتلىشىپ، ئوڭدا چۈشىدۇ، ...تۇزاققا چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قالىدۇ»** ــ ئۆزى تاللىغان يولى بىلەن ئالغا باسقىنى بىلەن، نەتىجىسى ھالاكەتتۇر، خالاس.

**13:28** 2كور. 16:2

يالغان سۆزلەر ئاستىدا مۆكۈنۈۋالدۇق» ــ دېدىڭلار،
16 شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
مانا، زىئوندا ئۇل بولۇش ئۈچۈن بىر تاش،
سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن بىر تاش،
قىممەتلىك بىر بۇرجەك تېشى،
ئىشەنچلىك ھەم مۇقىم ئۇل تېشىنى سالغۇچى مەن بولىمەن.
ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تايانغان كىشى ھېچ ھودۇقمايدۇ، ئالدىرىمايدۇ.
17 ۋە مەن ئادالەتنى ئۆلچەم تانىسى قىلىمەن،
ھەققانىيلىقنى بولسا تىك ئۆلچىگۈچ يىپ قىلىمەن؛
مۆلدۈر باشپاناھى بولغان يالغانچىلىقنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ،
ۋە كەلكۈن مۆكۈۋالغان جاينى تېشىپ ئەپكېتىدۇ.
18 شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم بىلەن تۈزگەن ئەھدەڭلار بىكار قىلىنىۋېتىلىدۇ؛
سىلەرنىڭ تەھتىسارا بىلەن بېكىتكەن كېلىشىمىڭلار ئاقمايدۇ؛
قامچا تاشقىنىدەك ئۆتۈپ كەتكەندە،

---

**15:28 «بىز ئۆلۈم بىلەن ئەھدە تۈزدۇق، تەھتىسارا بىلەن بىللە بىر كېلىشىم بېكىتتۇق... يالغان سۆزلەر ئاستىدا مۆكۈنۈۋالدۇق»** ــ ھەرقانداق كىشى مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئاغزى بىلەن دېمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق يەشايا پەيغەمبەر مۇشۇ سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ تۈزگەن ئەھدىسىنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى ئايان قىلىدۇ.
—شۇ چاغدىكى ئەھدە بولسا مىسىر بىلەن بولغانىدى، بىراق يەشايا بېشارەتتە شۇنى بىۋاستە دېمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بەلكىم مىسىردىكى بۇ ئەھدە كەلگۈسىدە ئادەمنى تېخىمۇ ئالدايدىغان، ئاخىرقى زاماندىكى بىر ئەھدىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئەھدىنى ئىسرائىل شەيتاننىڭ ۋەكىلى دەججال بىلەن تۈزىدۇ. «دان.» 9:27، ئىنجىل «ۋەھ.» 11:2، 13:5نى كۆرۈڭ.

**15:28** دان. 9:27، ۋەھ. 11:2، 13:5، 16، 17؛ 2تېس. 3-4:2

**16:28 «سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن بىر تاش»** ــ سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا، «سىناق تېشى». بۇ ئىبارە باشقىلارنى سىنايدىغان ھەم ئۆزى سىناقتىن ئۆتكەن بىر تاش، دېگەن ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك.

**16:28** زەب. 22:118؛ مات. 42:21؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ 11:10؛ ئەف. 20:2؛ 1پېت. 6:2، 7، 8

**17:28 «ئادالەتنى ئۆلچەم تانىسى قىلىمەن»** ــ ياكى «توغرا ھۆكۈم قىلىشنى ئۆلچەم تانىسى قىلىمەن» (26-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

**سىلەر ئۇنىڭ بىلەن چەيلىۋېتىلىسىلەر.**
**[19] ئۇ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا سىلەرنى تۇتىدۇ؛**
**ھەم سەھەر-سەھەرلەردە،**
**ھەم كېچە-كۈندۈزلەردىمۇ ئۇ ئۆتۈپ تۇرىدۇ،**
**بۇ خەۋەرنى پەقەت ئاڭلاپ چۈشىنىشىنىڭ ئۆزىلا ۋەھىمىگە چۈشۈش بولىدۇ.**
**[20] چۈنكى كارىۋات سوزۇلۇپ يېتىشقا قىسقىلىق قىلىدۇ،**
**يوتقان بولسا ئادەم تۈگۈلۈپ ياتسىمۇ تارلىق قىلىدۇ.**
**[21] چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز ئىشىنى،**
**يەنى ئۆزىنىڭ غەيرىي ئەمىلىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن،**
**ئۆزىگە يات بولغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن،**
**پەرازىم تېغىدا تۇرغىنىدەك ئورنىدىن تۇرىدۇ،**
**ئۇ گىبېئون جىلغىسىدا غەزەپلەنگىنىدەك غەزەپلىنىدۇ؛**
**[22] شۇڭا مازاق قىلغۇچىلار بولماڭلار؛**
**بولمىسا، كىشەنلىرىڭلار چىڭ بولىدۇ؛**
**چۈنكى مەن ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگاردىن بىر ھالاكەت توغرىسىدا،**

---

**18:28** دان. 27:9؛ مات. 15:24

**20:28 «چۈنكى كارىۋات سوزۇلۇپ يېتىشقا قىسقىلىق قىلىدۇ، يوتقان بولسا ئادەم تۈگۈلۈپ ياتسىمۇ تارلىق قىلىدۇ»** ــ بۇ كىنايىلىك گەپ. ئۇلار خۇدانىڭ ئاراملىقىنى رەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئارام ئالماقچى بولغان يولى بولسا ئۆزىگە ھېچ ئارام بەرمەيدۇ.

**21:28 «پەرازىم تېغى» ۋە «گىبېئون جىلغىسى»** ــ بۇ ئىككى جايدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، تەۋراتتىكى «2سام.» 5:17-20، 22-ئايەت قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ. خۇدا ئاشۇ يەرلەردە داۋۇت پادىشاھنىڭ تەختىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن فىلىستىيلەر ئۈستىدىن ئىككى قېتىم چوڭ غەلىبە قىلغانىدى. بىراق يەشايا قوبۇل قىلغان ۋەھىيگە ئاساسەن، ئادەمنى جازالاشتىكى مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ مۇھەببەتلىك تەبىئىتىگە پۈتۈنلەي غەيرىي، تۈپتىن يات كېلىدىغان، ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان ئىش ئىكەنلىكى ئايان قىلىنىدۇ.

**21:28** 2سام. 5:17-20، 22-

يەنى پۈتكۈل يەر يۈزىگە قەتئىيلىك بىلەن بېكىتكەن بىر ھالاكەت
توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغانمەن.

## ئەقىللىق دېھقاننىڭ تېرىش-يىغىشى توغرىسىدا بىر تەمسىل

23 ــ قۇلاق سېلىڭلار، ئاۋازىمنى ئاڭلاڭلار؛
تىڭشاڭلار، سۆزلىرىمنى ئاڭلاڭلار.
24 يەر ھەيدىگۈچى دېھقان تېرىش ئۈچۈن يەرنى كۈن بويى ھەيدەمدۇ؟
ئۇ پۈتۈن كۈن يەرنى ئاغدۇرۇپ،
چالمىلارنى ئېزەمدۇ؟
25 ئۇ يەرنىڭ يۈزىنى تەكشىلىگەندىن كېيىن،
قاراكۆز بەدىيانىنى تاشلاپ،
زىرىنى چېچىپ،
بۇغداينى تاپلاردا سېلىپ،
ئارپىنى تېرىشقا بېكىتىلگەن جايغا،
قارا بۇغداينى ئېتىز قىرلىرىغا تېرىمامدۇ؟
26 چۈنكى ئۇنىڭ خۇداسى ئۇنى توغرا ھۆكۈم قىلىشقا نەسىھەت
قىلىدۇ،
ئۇ ئۇنىڭغا ئۆگىتىدۇ.
27 بەرھەق، قاراكۆز بەدىيان چىشلىق تىرنا بىلەن تېپىلمەيدۇ؛
تۇلۇق زىرە ئۈستىدە ھەيدەلمەيدۇ؛
بەلكى قاراكۆز بەدىيان بولسا قامچا بىلەن سوقۇلىدۇ،
زىرە بولسا تۆمۈر-تاياق بىلەن ئۇرۇلۇپ دان ئاجرىتىلىدۇ.
28 ئۇن تارتىشقا داننى ئېزىش كېرەك، ئەمما دېھقان ئۇنى مەڭگۈگە
تېپىۋەرمەيدۇ؛

**22:28** پەند. 4:11؛ ئەز. 19:7؛ زەف. 1:14-16، 18؛ دان. 9:26-27؛ يەش. 10:22-23؛ يەر. 23-28:4؛ 24:10؛ 11:30؛
28:46؛ ناھ. 1:9؛ يار. 17:22، 12:32؛ ھوش. 10:1؛ رىم. 9:25-28؛ زەف. 1:14-16، 18؛ دان. 9:26-27؛ يەش. 1:24؛
8:27

ئۇ ھارۋا چاقلىرى ياكى ئات تۇياقلىرى بىلەن ئۇنى مەڭگۈگە تېپىۋەرمەيدۇ؛
29 مۇشۇ ئىشمۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگاردىن كېلىدۇ؛
ئۇ نەسىھەت بېرىشتە كارامەت،
دانالىقتا ئۇلۇغدۇر.

## يېرۇسالېمغا چۈشىدىغان «تەربىيىلىك جازالاش»

29 [1] ئارىئەلگە، داۋۇت ئۆز ماكانى قىلغان ئارىئەلگە ۋاي!
يەنە بىر يىل يىللارغا قوشۇلسۇن،

---

29:28 «مۇشۇ ئىشمۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگاردىن كېلىدۇ؛ ئۇ نەسىھەت بېرىشتە كارامەت، دانالىقتا ئۇلۇغدۇر» ــ 23ـ29ـئايەتلەرنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىدىكى بەزى سۆزلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرىغاچقا، باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى ئۇچرىشى مۇمكىن. بىراق ئۈچ ئىش ئېنىق تۇرىدۇ: ــ
ــ(1) يەر ھەيدەش ھەم داننى سوقۇپ ئاجرىتىشمۇ كۆرۈنۈشتە يەرگە ياكى دانغا قارىتا «قاتتىق قوللۇق مۇئامىلە» قىلىشقا ئوخشايدۇ؛ مۇشۇ ئىشلار بەلكىم خۇدانىڭ بىزگە ئىشلىتىدىغان تەربىيە تەدبىرلىرىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.
ــ(2) ھەممىمىز ئەقىللىق دېھقاندىن ئۆگىنەيلىكى، ئۇ مەقسەتلىك ھالدا ھەممە ئىشنى قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىز يەر ھەيدەش ياكى دان سوقۇپ ئاجرىتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى زوقلىنىش ئۈچۈن قىلمايدۇ؛ ئۇ ئاخىرقى نىشانغا قاراپ، ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ھوسۇلىنى كۆزلەيدۇ. خۇدامۇ ئوخشاشلا ھەممىمىزگە ئوخشىمايدىغان تەربىيىلىك ئۇسۇل قوللىنىپ، بىزدىن ھوسۇل چىقارماقچى. ئۇنىڭ بەزىدە مۇئامىلىسى «قوپال» ياكى قاتتىق كۆرۈنسىمۇ، ئۇ بەربىر ھەرقانداق داننىڭ ئۇنۇپ چىقىشىغا كېرەك بولغان شارائىتنى ئوبدان بىلىدۇ، ھەربىرىمىزدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھوسۇل چىقىرىش ئۇسۇلىنى بىلىدۇ.
ــ(3) مەلۇم بىر ھوسۇل ئۈچۈن ھەيدەپ-تېرىش ياكى دان ئاجرىتىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولغىنى بىلەن، ئەقىللىق دېھقان مۇشۇ ئۇسۇلنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي ئىشلىتىدۇ. خۇدا ئوخشاشلا ھەممىمىزنى كىچىك پېئىل، مۆھەببەتلىك كىشىلەردىن قىلىش ئۈچۈن دەل قانداق ھەم قانچىلىك دەرىجىدىكى مۇئامىلىنى ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ.
**29:28** يەر. 19:32

ھېيت-بايراملار يەنە ئايلىنىپ كەلسۇن؛

2 بىراق مەن دەرد-ئەلەمنى ئارىئەلگە كەلتۈرىمەن؛

داد-پەريادلار كۆتۈرۈلۈپ ئاڭلىنىدۇ؛

ئۇ ماڭا ھەقىقەتەن بىر «ئارىئەل» بولىدۇ.

3 چۈنكى مەن سېنى قاپساپ چېدىرلار تىكتۈرۈپ،

سېنى قامال قىلىپ مۇھاسىرە ئىستىھكاملىرىنى سالىمەن،

پوتەيلىرى بىلەن سېنى قورشىۋالىمەن.

4 شۇنىڭ بىلەن پەس قىلىنىسەن،

سەن يەر تېگىدىن سۆزلەيدىغان،

گەپلىرىڭ پەستىن، يەنى توپا-چاڭدىن كېلىدىغان،

ئاۋازىڭ ئەرۋاھلارنى چاقىرغۇچىنىڭكىدەك يەر تېگىدىن چىقىدۇ،

سۆزلىرىڭ توپا-چاڭدىن شىۋىرلاپ چىققاندەك بولىدۇ؛

---

1:29 **«ئارىئەل»** — يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ «خۇدانىڭ قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بېشى» دېگەنلىك، يەنى قۇربانگاھقا ئوت سالىدىغان ئورۇن. مۇشۇ ئىسىم، خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان جاي ھەم خۇدانىڭ ئوتىغا ئۇچرايدىغان جاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەلكىم شۇ بابتىكى مەنىسى شۇكى، يېرۇسالېم پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن ئەمەس، بەلكى ئىتائەتسىزلىك تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئوتلۇق غەزىپىگە ئۇچرايدىغان ئورۇن بولۇپ قالدى، دېگەنلىك. **«يەنە بىر يىل يىللارغا قوشۇلسۇن»** — مەنىسى بەلكىم، «بىر يىلدىن كېيىن» — دېمەك (2-8-ئايەتكە ئاساسەن)، ئاسۇرىيە بىر يىلدىن كېيىن يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئۇنداق بولسا، بېشارەت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 702-يىلى بېرىلگەن —تولۇق ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «يىللار كۆپرەك ئۆتسۇن، ھېيت-بايراملار يەنىلا ئۆتكۈزۈلسۇن» قاتارلىق. ئىككى خىل تەرجىمىسى ئوخشاشلا، ۋاقتىمۇ ياكى ھېيت-بايراملاردىكى دىنىي پائالىيەتلەرمۇ سىلەرنى قۇتقۇزمايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

3:29 **«مەن سېنى قاپساپ چېدىرلار تىكتۈرۈپ... پوتەيلىرى بىلەن سېنى قورشىۋالىمەن»** — بېشارەت ئاسۇرىيەنىڭ ھۇجۇمىنى كۆرسەتكەن ئەمەس، بەلكى «بارلىق ئەللەرنىڭ نۇرغۇنلىغان قوشۇنلىرى»نىڭ بىر ھۇجۇمىنى كۆرسىتىدۇ (7-ئايەت)؛ شۇڭا ئۇ ئاسۇرىيەنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن بېرىلگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇدا «ئارىئەل»نى (ھەر قېتىم نىجاتنى رەت قىلىشى تۈپەيلىدىن) بابىلدىن ئاندىن رىملىقلاردىن (مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىل) **قۇتقۇزغان ئەمەس.** شۇڭا بېشارەت ئاخىرقى زاماندىكى كۆپ ئەل-يۇرتلارنىڭ (7-ئايەت) يېرۇسالېمغا، شۇنداقلا ئىسرائىلغا قىلىدىغان ھۇجۇمىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**3:29** يەر. 3:6؛ ئەز. 17:17

**4:29** يەش. 19:8

**5 شۇ چاغدا دۈشمەنلىرىڭنىڭ توپى خۇددى يۇمشاق توپا-چاڭلاردەك،**
**ياۋۇزلارنىڭ توپى شامال ئۇچۇرۇپ تاشلايدىغان توپاندەك توزۇپ كېتىدۇ.**
**بۇ ئىش بىردىنلا، تۇيۇقسىز بولىدۇ!**
**6 ئەمدى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار سېنىڭ يېنىڭغا كېلىدۇ؛**
**گۈلدۈرماما، يەر تەۋرەش، كۈچلۈك شاۋقۇن، قۇيۇنتاز، بوران ۋە يۇتۇۋالغۇچى ئوت يالقۇنلار بىلەن سەندىن ھېساب ئالىدۇ.**
**7 شۇنداق قىلىپ ئارىئەلگە قارشى جەڭ قىلىدىغان،**
**يەنى ئۇنىڭغا ۋە قەلئە-قورغانلىق مۇداپىئەلەرگە جەڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئەللەرنىڭ نۇرغۇنلىغان قوشۇنلىرى كېچىسى كۆرگەن چۈشتىكى كۆرۈنۈشتەك يوقاپ كېتىدۇ.**
**8 ئاچ قالغان بىرسى چۈش كۆرگەندە،**
**چۈشىدە بىر نېمە يەيدۇ؛**
**بىراق ئويغانسا، مانا قورسىقى قۇرۇق تۇرىدۇ؛**
**چاڭقىغان بىرسى چۈش كۆرگەندە،**
**چۈشىدە سۇ ئىچىدۇ؛**
**بىراق ئويغانسا، مانا ئۇ ھالىدىن كېتىدۇ،**
**ئۇ يەنىلا ئۇسسۇزلۇققا تەشنا بولىدۇ؛**
**مانا زىئون تېغىغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ نۇرغۇنلىغان قوشۇنلىرى دەل شۇنداق بولىدۇ.**

---

**5:29** ئايۇپ 18:21؛ زەب. 4:1؛ 5:35-6؛ يەش. 13:17؛ 13:30

6:29 **«... سەندىن ھېساب ئالىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «... سېنى يوقلايدۇ».

8:29 **«...ئويغانسا، مانا ئۇ ھالىدىن كېتىدۇ، ئۇ يەنىلا ئۇسسۇزلۇققا تەشنا بولىدۇ؛ مانا زىئون تېغىغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ نۇرغۇنلىغان قوشۇنلىرى دەل شۇنداق بولىدۇ»** ــ دېمەك، بۇ چۈشنى كۆرگەن كىشى باشقا ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈشىدە كۆرگەن «تاماق-سۇ» بارلىق ئەللەر يۇتۇۋالماقچى بولغان يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ. ئەللەر «يېرۇسالېم بىزنىڭكى» دەپ خام خىيال قىلىپ، تۇيۇقسىز ھەممىدىن ئايرىلىپ، مەغلۇپ بولىدۇ.

## روھىي قارىغۇلۇق، روھىي غەپلەت، پەرۋەردىگارنىڭ دورا-دەرمانى

9 ئەمدى ئارسالدى بولۇۋېرىپ،
قايمۇقۇپ كېتىڭلار!
ئۆزۈڭلارنى قارىغۇ قىلىپ، قارىغۇ بولۇڭلار!
ئۇلار مەست بولدى، بىراق شارابتىن ئەمەس!
ئۇلار ئىلەڭلىشىپ قالدى، بىراق ھاراقتىن ئەمەس!
10 چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرگە غەپلەت ئۇيقۇسى باسقۇچى بىر روھنى
تۆكۈپ، كۆزۈڭلارنى ئېتىۋەتتى؛
ئۇ پەيغەمبەرلەر ۋە باش-كۆزۈڭلار بولغان ئالدىن كۆرگۈچىلەرنىمۇ
چۈمكىۋەتتى.
11 مۇشۇ كۆرگەن پۈتكۈل ۋەھىي بولسا، سىلەر ئۈچۈن پېچەتلىۋېتىلگەن
بىر يۆگىمە كىتابدەك بولۇپ قالدى؛
خەق كىتابنى ساۋاتلىق بىرسىگە بېرىپ: ــ
«ئوقۇپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن» ــ دېسە، ئۇ: ــ
«ئوقۇيالمايمەن، چۈنكى پېچەتتى بار ئىكەن» ــ دەيدۇ.
12 كىتاب ساۋاتسىز بىرسىگە بېرىلىپ: ــ

---

9:29 **«ئەمدى ئارسالدى بولۇۋېرىپ، قايمۇقۇپ كېتىڭلار!...»** ــ بۇ ئايەت ئىنتايىن مۇھىم. يەشايا ئاسۇرىيە ياكى باشقا بېسىپ كىرگەن تاجاۋۇزچىلاردىن قۇتۇلۇشنى ئاللىبۇرۇن ئالدىنئالا ئېيتقان (36-37-بابلارنى كۆرۈڭ). ئەمدى مۇشۇ قۇتۇلۇشلارنى كۆرگەنلەر يەنىلا خۇداغا ئىشەنمەيدىغان «تاسادىپىيلىقتىن بولغان» ياكى «مىسىر بىلەن بولغان ئىتتىپاقتىن بولغان» دېسە قانداق بولىدۇ؟ —ئەگەر ئۇلار شۇ چاغدا «ئارسالدى» بولسا، ھېچ قارارغا تېخى كەلمىسە، ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىشتا باش قاتۇرىدىغان بولىدۇ. يەشايا ئۇلارنىڭ شۇنداق كاجلىق قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن (خۇدانىڭ ئاگاھىنى 10:6-ئايەتتە كۆرۈڭ). شۇڭا ئۇ كىنايە قىلىپ، ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

10:29 **«پەرۋەردىگار سىلەرگە غەپلەت ئۇيقۇسى باسقۇچى بىر روھنى تۆكۈپ... ئالدىن كۆرگۈچىلەرنىمۇ چۈمكىۋەتتى»** ــ يۇقىرىقى ئىزاھاتتا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ كارامەتلىرىنى يەنىلا ئېتىراپ قىلمىغاندىن كېيىن، خۇدا ئۇلارنى تېخىمۇ ئۆز كاجلىقىدا بېكىتىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلغىنى بىلەن ئۇ ئۇلارنى تېخى تاشلىۋەتمىگەن؛ ئۇ ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى بىر پۇرسەتنى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ پۇرسەت 14-ئايەتتە ئالدىنئالا ئېيتىلىدۇ.

**10:29** رىم. 8:11

«ئوقۇپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن» ــ دېيىلسە، ئۇ: ــ
«مەن ساۋاتسىز» ــ دەيدۇ. [13] ۋە رەب مۇنداق دەيدۇ: ــ
«مۇشۇ خەلق ئاغزى بىلەن ماڭا يېقىنلاشقاندا،
تىلى بىلەن مېنى ھۆرمەتلىگەندە، بىراق قەلبى بولسا مەندىن يىراق تۇرغاچقا، مەندىن بولغان قورقۇشى بولسا، پەقەت ئىنسان بالىسىنىڭ پەتىۋالىرىدىنلا بولىدۇ، خالاس؛
[14] شۇڭا مانا، مەن مۇشۇ خەلق ئارىسىدا يەنە بىر كارامەت كۆرسىتىمەن؛
كارامەت بىر ئىشنى كارامەت بىلەن قىلىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دانىشمەنلىرىنىڭ دانالىقى يوقىلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ ئاقىللىرىنىڭ ئەقىللىرى يوشۇرۇنۇۋالغان بولىدۇ».

**12:29 «كىتاب ساۋاتسىز بىرسىگە بېرىلىپ... ئۇ: ـــ «مەن ساۋاتسىز» ـــ دەيدۇ» ــ** ساۋاتلىق كىشى بولسا «كىتاب پېچەتلەنگەن» (پېچەتنى بۇزۇۋشقا ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلمايمەن) دېگەن باھانىنى كۆرسىتىدۇ. ساۋاتسىز كىشى بولسا ئەلۋەتتە ئوقۇيالمايدۇ؛ بىراق ئۇ ساۋاتلىق كىشىدىنمۇ ئوقۇپ بېرىشنى سورىمايدۇ. دېمەك، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ئىككى خىل كىشىلەرگە ئوخشاش خۇدانىڭ بەرگەن ۋەھىيسىگە پەرۋايىم پەلەك دەپ يۈرۈۋېرىدۇ.
**13:29 «مۇشۇ خەلق ئاغزى بىلەن ماڭا يېقىنلاشقاندا، ... قەلبى بولسا مەندىن يىراق تۇرغاچقا، مەندىن بولغان قورقۇشى بولسا، پەقەت ئىنسان بالىسىنىڭ پەتىۋالىرىدىنلا بولىدۇ، خالاس»** ــ «مات.» 7:15-9، «مار.» 6:7-7نى كۆرۈڭ.
**13:29** مات. 8:15؛ مار. 6:7
**14:29 «شۇڭا مانا، مەن مۇشۇ خەلق ئارىسىدا يەنە بىر كارامەت كۆرسىتىمەن؛ كارامەت بىر ئىشنى كارامەت بىلەن قىلىمەن»** ــ خۇدا ئۇلارغا سەۋر-تاقەت بىلەن يەنە بىر پۇرسەت بەرمەكچى. بۇ پۇرسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان. بىراق بۇ يەردە دېيىلگەن سۆزلەرگە قارىغاندا بۇ كارامەتنىڭ «ئاسۇرىيەدىن قۇتۇلۇش» دېگەن مۆجىزىدىن بىرنەچچە ھەسسە يۇقىرىلىقى، ئاجايىبلىقى، كارامەتلىكى ۋە تىلسىماتلىقى بار بولۇشى مۇمكىن. بىز يەنە شۇنداق دەپ قارايمىزكى، يەشايا پەيغەمبەر مۇشۇ ئىشنى كىتابىنىڭ قالغان قىسمىدا بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ؛ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزى ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ. **«شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دانىشمەنلىرىنىڭ دانالىقى يوقىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئاقىللىرىنىڭ ئەقىللىرى يوشۇرۇنۇۋالغان بولىدۇ»** ــ خۇدانىڭ ئىشلىگەن مۇشۇ كارامىتىنىڭ نەتىجىسى دۇنيادىكى «دانىشمەنلىك»نى ئۆز-ئۆزىدىن خىجىل قىلىدۇ. «1كور.» 19:1نى كۆرۈڭ.
—««ئاقىللارنىڭ ئەقىللىرى» يوشۇرۇنىۋالىدۇ» ــ دېمەك، ئۇلارنىڭ ئەقلى ھېچ ئەسقاتمايدۇ ھەم باشقىلار ئالدىدا كۆرۈنۈشكە خىجىل بولىدۇ.
**14:29** يەر. 7:49؛ ئوب. 8؛ مات. 25:11؛ 1كور. 19:1

## چوڭ ئۆزگىرىشلەر

15 ئۆزىنىڭ پۈككەن نىيەتلىرىنى پەرۋەردىگاردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن
ئاستىن يەرگە كىرىۋالغان،
ئۆز ئىشلىرىنى قاراڭغۇلۇقتا قىلىدىغان،
ۋە «بىزنى كىم كۆرىدۇ» ۋە «كىم بىزنى بىلگەن» دېگەنلەرگە ۋاي!
16 ئاھ، سىلەرنىڭ تەتۈرلۈكۈڭلار!
ساپالچىنى سېغىز لايغا ئوخشاتقىلى بولامدۇ؟
شۇنداقلا ئىش ئۆزىنى ئىشلىگۈچىگە: «ئۇ مېنى ئىشلىمىگەن»،
ياكى شەكىللەندۇرۇلگەن ئۆزىنى شەكىللەندۇرگۈچىگە: «ئۇنىڭ
ئەقلى يوق» دېسە بولامدۇ؟!
17 چۈنكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، لىۋان مېۋىلىك باغقا
ئايلاندۇرۇلمامدۇ؟
مېۋىلىك باغ بولسا ئورمان ھېسابلانمامدۇ؟
18 شۇ كۈنىدە گاسلار شۇ يۆگىمە كىتابنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان،
قارىغۇلار زۇلمەت ھەم قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ كۆزلىرى كۆرىدىغان
بولىدۇ؛
19 مۆمىنلەر بولسا پەرۋەردىگاردىن تېخىمۇ خۇرسەن بولىدۇ؛
ئىنسانلار ئارىسىدىكى مىسكىنلەر ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس
بولغۇچىدىن شادلىنىدۇ.
20 رەھىمسىز بولغۇچى يوقايدۇ،

**15:29** زەب. 7:94

**16:29** يەش. 9:45

17:29 **«لىۋان مېۋىلىك باغقا ئايلاندۇرۇلمامدۇ؟ مېۋىلىك باغ بولسا ئورمان ھېسابلانمامدۇ؟»** — لىۋان كونا زامانلاردىن تارتىپ ئورمانلىرى بىلەن داڭقى چىققان رايون بولۇپ كەلگەن. مۇشۇ ئورمان بىلەن ئۇنىڭ «مېۋىلىك باغ»لىرىنىڭ رولىرى ئالماشتۇرۇلغان بولسا، ئۇنداقتا يۇقىرى ئورۇندا تۇرغانلار ياكى تەكەببۇرلار پەس (بىراق يەنىلا ياخشى ۋە مېۋە بېرىدىغان) ئورۇنغا بىكىتىلىدۇ ۋە كەمتەرلەر بولسا يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلىدۇ، دېمەكچى. قانداقلا بولمىسۇن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئورۇنلىرىدا ئالمىشىش يۈز بېرىدۇ.

**18:29** مات. 5:11

**مازاق قىلغۇچى غايىب بولىدۇ؛**
**قەبىھلىك پۇرسىتىنى كۈتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ھالاك قىلىنىدۇ؛**
21 **مانا مۇشۇنداق ئادەملەر ئادەمنى بىر سۆز ئۈچۈنلا جىنايەتچى**
**قىلىدۇ،**
**دەرۋازىدا تۇرۇپ رەزىللىككە تەنبىھ بەرگۈچى ئۈچۈن تۇزاق تەييارلاپ**
**قويىدۇ،**
**ھەققانىي ئادەمنىڭ دەۋاسىنى سەۋەبسىز بىكار قىلىۋېتىدۇ.**
22 **شۇڭا ئىبراھىم ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزغان پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ**
**جەمەتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«ھازىر بولسا ياقۇپ خىجىللىققا قالمايدۇ،**
**ھازىر بولسا ئۇ تىت-تىت بولۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتمەيدۇ؛**
23 **چۈنكى ياقۇپ قولۇمنىڭ ئىشلىگەن ئەمىلى بولغان، ئۆز ئارىسىدا**
**تۇرغان ئەۋلادلىرىنى كۆرگەن ۋاقتىدا،**
**ئۇلار نامىمنى مۇقەددەس دەپ ئۇلۇغلايدىغان،**

---

**21:29 «ئۇلار دەرۋازىدا تۇرۇپ رەزىللىككە تەنبىھ بەرگۈچى ئۈچۈن تۇزاق تەييارلاپ قويىدۇ»** ــ شەھەر دەرۋازىسى سوت قىلىدىغان جاي ئىدى.

**21:29** ئام. 10:5

**22:29 شۇڭا ئىبراھىم ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزغان پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ جەمەتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ــ «ھازىر بولسا ياقۇپ خىجىللىققا قالمايدۇ، ھازىر بولسا ئۇ تىت-تىت بولۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتمەيدۇ»** ــ دېمەك: ــ

ــ(1) «ياقۇپ ئۆز پەرزەنتلىرى (جەمەتى) توغرىسىدا خىجىل بولمايدۇ». ياقۇپ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئون ئىككى ئوغلىنىڭ قىلمىشلىرىدىن ناھايىتى خىجىل بولۇپ يۈرەتتى («يار.» 34-بابنى كۆرۈڭ). ئاندىن ياقۇپ كېيىنكى دەۋردە پەرزەنتلىرىنىڭ قىلغانلىرىنى كۆرگەن بولسا، تېخىمۇ خىجىل بولغان بولاتتى! بىراق «ھازىر بولسا» (كەلگۈسىدە) ئادىل، ھەققانىي، ساپ دىللىق «يېڭىدىن تۇغۇلغان»، يېڭى بىر پەرزەنتى، يېڭى بىر ئىسرائىل ۋۇجۇدقا كېلىدۇ؛ ياقۇپ (تىرىلگەن ۋاقتىدا) ئۇلاردىن ھېچ خىجىل بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ــ(2) «ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتمەيدۇ» ــ ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ بىر-بىرىگە ھەسەتخور بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ياقۇپ كۆپ جاپا تارتقان. ئۇ يۈسۈپنى «ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ ئۇزۇن يىللار ماتەم تۇتقان، ئاندىن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىنيامىننى «يوقاپ كەتتى» دەپ ئەنسىرەپ ئۆلەي دەپ قالغان. بىراق ئۆز پەرزەنتلىرى توغرىسىدا ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ــ چۈنكى «ھازىر بولسا» ھەربىرى خۇدانىڭ باشپاناھىدا ئامان-ئېسەن مەڭگۈ تۇرىدۇ، شۇنداقلا بىر-بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشىدۇ.

ياقۇپنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىسىنى پاك-مۇقەددەس دەپ بىلىدىغان،
ئىسرائىلنىڭ خۇداسىدىن قورقىدىغان بولىدۇ.
24 روھى ئېزىپ كەتكەنلەر يورۇتۇلىدىغان،
قاقشاپ يۈرگەنلەر نەسىھەت-بىلىم قوبۇل قىلىدىغان بولىدۇ.

## مىسىر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ـ خۇداغا تايانماسلىقتۇر

30 1 «ئاسىي ئوغۇللارنىڭ ئەھۋالىغا ۋاي!» ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
- «ئۇلار پىلانلارنى تۈزمەكچى، بىراق مەندىن ئالمايدۇ؛
ئۇلار مۇداپىئە توسۇقىنى بەرپا قىلىدۇ،
بىراق ئۇ مېنىڭ روھىم ئەمەس؛
شۇنداق قىلىپ ئۇلار گۇناھى ئۈستىگە گۇناھ قوشۇۋالىدۇ.
2 ئۇلار مەندىن ھېچ سورىمايلا مىسىرغا يول ئالدى؛
پىرەۋنىنىڭ قانىتى ئاستىدىن پاناھ ئىزدەپ،
مىسىرنىڭ سايىسىگە ئېشىنىپ تايىنىدۇ يەنە!
3 چۈنكى پىرەۋنىنىڭ قانىتى بولسا سىلەرنى يەرگە تاشلاپ لەت قىلىدۇ.
مىسىرنىڭ سايىسىگە ئېشىنىپ تايىنىش سىلەرگە باش قېتىمچىلىق
بولىدۇ.
4 پىرەۋنىنىڭ ئەمىرلىرى زوئان شەھىرىدە بولسىمۇ،
ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ھانەس شەھىرىگە ھەردائىم كېلىپ تۇرسىمۇ،
5 ئاۋام ھەممىسى ئۆزىگە پايدىسى بولمايدىغان،

---

23:29 **«ياقۇپ قولۇمنىڭ ئىشلىگەن ئەملى بولغان، ئۆز ئارىسىدا تۇرغان ئەۋلادلىرىنى كۆرگەن ۋاقتىدا...»** ــ مۇشۇ 22-24-ئايەتتە ھەم ياقۇپنىڭ ئۆزىنى (ئىسرائىلنى) ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى (ئىسرائىللارنى) كۆرسىتىدۇ. ياقۇپنىڭ ئۆزى ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆلۈمدىن تىرىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

4:30 **«پىرەۋنىنىڭ ئەمىرلىرى زوئان شەھىرىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ھانەس شەھىرىگە ھەردائىم كېلىپ تۇرسىمۇ،...»** ــ شۇ چاغلاردا مىسىر يىگى بىر پادىشاھ، يەنى پىرەۋن شاباكونىڭ قول ئاستىدا كۈچلۈك، ئىتتىپاقلاشقان بىر دۆلەتكە ئايلانغانىدى. زوئان ۋە ھانەسنىڭ مىسىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولۇشى دۆلەتنىڭ كۈچلۈك بىرلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ھېچ ياردىمى ۋە پايدىسى تەگمەيدىغان،
بەلكى لەت قىلىپ يەرگە تاشلايدىغان،
ھەتتا رەسۋا قىلىدىغان بىر خەلقتىن نومۇس قىلىدىغان بولىدۇ.

## يۆلەك ئارتىلىپ مىسىرغا مېڭىشقا تەييارلانغان بىچارە ئۇلاغلار!

6 نەگەۋدىكى ئۇلاغلار توغرىسىدا يۈكلەنگەن ۋەھىي: —
ئۇلار جاپالىق، دەرد-ئەلەملىك زېمىندىن ئۆتىدۇ؛
شۇ يەردىن چىشى شىرلار ۋە ئەركەك شىرلار،
چار يىلان ۋە ۋەھشىي ئۇچار يىلانمۇ چىقىدۇ؛
ئۇلار بايلىقلىرىنى ئېشەكلەرنىڭ دۈمبىسىگە،
گۆھەرلىرىنى تۆگە لوككىلىرىغا يۈكلەپ،
ئۆزلىرىگە ھېچ پايدا يەتكۈزمەيدىغان بىر خەلقنىڭ يېنىغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ.
7 مىسىر!؟ ئۇلارنىڭ ياردىمى بىكار ھەم قۇرۇقتۇر!

---

**5:30** يەر. 36:2

**6:30** «**نەگەۋدىكى ئۇلاغلار توغرىسىدا يۈكلەنگەن ۋەھىي**» — نەگەۋ بولسا يەھۇدانىڭ جەنۇبىي قىسمى بولۇپ، پۈتۈنلەي دەھشەتلىك چۆل-باياۋان. مىسىرغا ماڭىدىغان بىر يول نەگەۋدىن ئۆتىدۇ. «...**يۈكلەنگەن ۋەھىي**» — مۇشۇ بېشارەتنىڭ تېمىسى بىلەن يەشايا چاقچاق قىلىدۇ. «ۋەھىي»نىڭ ئىبرانىي تىلىدا «يۈك» دېگەن يەنە بىر مەنىسى بار. شۇنىڭ بىلەن تېمىنى يەنە «نەگەۋدىكى ئۇلاغلارنىڭ يۈكى» — دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلاغلار ئەلچىلەرنىڭ ئۆزىنى ھەم نۇرغۇن مال-مۈلۈك، ھەدىيەلەرنى كۆتۈرۈپ مىسىرغا بارىدىغان جاپالىق يولدا مېڭىپ ھېرىپ كېتىدۇ. لېكىن مىسىر بىلەن بولىدىغان «ئىتتىپاق» ھېچنېمىگە ئەرزىمىگەچكە، ئۇلارنىڭ يولى بىكارغا كېتىدۇ. يەشايا بىچارە ئۇلاغلارغا ھېسداشلىق بىلدۈرگىنى بىلەن ئەلچىلەرگە ھېچقانداق ھېسداشلىق بىلدۈرمەيدۇ! «**ئۇلار جاپالىق، دەرد-ئەلەملىك زېمىندىن ئۆتىدۇ...**» — قىزىق يېرى شۇكى، مىسىرغا ئادەتتە ماڭىدىغان يول نەگەۋدىن ئەمەس، بەلكى فىلىستىيەدىن ئۆتىدۇ. نەگەۋدىن ماڭىدىغان يول ناھايىتى جاپالىقتۇر. نېمىشقا مۇشۇ يول بىلەن ماڭىدىكىن؟ ھۆكۈمرانلار مەقسەت-پىلانلىرىنى فىلىستىيەدىن ياكى ئۆز خەلقىدىن مەخپىي ساقلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك. قىزىق ئىش شۇكى، ئىسرائىل مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق مىسىردىن قۇتقۇزۇلۇپ چىقىپ، دەل شۇ يول بىلەن قانائانغا (پەلەستىنگە) كەلگەن. يەشايا كىنايىلىك بىلەن ئۇلاردىن، سىلەر مىسىردىن قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىن يەنە ئاشۇ يەرگە «كەلگەن ئىزىڭلار بىلەن قايتىپ» ياردەم سوراشقا راست بارامسىلەر؟ — دەپ سورىماقچى.

شۇڭا مەن ئۇنى: «ھېچنېمىنى قىلىپ بەرمەيدىغان راھاب» دەپ ئاتىغانمەن.

## ئىشەنمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى

[8] ــ ئەمدى بۇ سۆزنىڭ كەلگۈسى زامانلار ئۈچۈن،
گۇۋاھلىق سۈپىتىدە ئەبەدئىلئەبەدگە تۇرۇۋېرىشى ئۈچۈن،
ھازىر بېرىپ بۇنى ھەم تاش تاختىغا ھەم يۆگىمە كىتابقا يېزىپ قويغىن.
[9] چۈنكى بۇلار بولسا ئاسىي بىر خەلق،
ناتۇەھلى ئوغۇللار،
پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات-تەربىيىسىنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغان ئوغۇللاردۇر.
[10] ئۇلار ئالدىن كۆرگۈچىلەرگە: ــ «ۋەھىينى كۆرمەڭلار!»،
ۋە پەيغەمبەرلەرگە: «بىزگە توغرا بېشارەتلەرنى كۆرسەتمەڭلار؛
بىزگە ئادەمنى ئازادە قىلىدىغان، يالغان بېشارەتلەرنى كۆرسىتىڭلار؛
[11] سەنلەر دۇرۇس يولدىن چىقىش، توغرا تەرىقىدىن ئايرىلىش!
ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنى ئالدىمىزدىن يوق قىلىش!» ــ دەيدۇ.

---

30:7 **«مەن ئۇنى: «ھېچنېمىنى قىلىپ بەرمەيدىغان راھاب» دەپ ئاتىغانمەن»** ــ «راھاب» مىسىرنىڭ باشقا بىر ئىسمى، مەنىسى «ھاكاۋۇرلۇق»، «ھالى ئۇستۇنلۇك».

30:8 **«...ھازىر بېرىپ بۇنى ھەم تاش تاختىغا ھەم يۆگىمە كىتابقا يېزىپ قويغىن»** ــ «بۇنى» بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يۇقىرىقى 6-7-ئايەتتىكى بېشارەتنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار «بۇنى» 8-14-ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى دەپ قارايدۇ.

30:9 **«پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات-تەربىيىسى»** ــ «تەۋرات» بولسا «تەربىيە»، «نەسىھەت»، «يوليورۇق» دېگەن مەنىدە.

30:10 **«ئالدىن كۆرگۈچىلەر»** ــ ئادەتتە خۇدانىڭ سۆزىنى غايىبانە كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق بىلىپ چۈشىنىدىغان ھەم ئۇلارنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلەردۇر.

30:11 **«سەنلەر دۇرۇس يولدىن چىقىش، توغرا تەرىقىدىن ئايرىلىش! ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنى ئالدىمىزدىن يوق قىلىش!»** ــ مۇشۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغان ئاساسلىق سۆزلىرى، ياكى ئاللىقاچان دېگەن سۆزلەرنىڭ تۈپ مەنىسىدۇر.

12 ــ ئەمدى ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ــ
«چۈنكى سىلەر مۇشۇ خەۋەرنى چەتكە قېقىپ،
زۇلۇمنى يۆلەنچۈك قىلىپ، بۇرمىلانغان يولغا تايانغىنىڭلار تۈپەيلىدىن،
13 شۇڭا مۇشۇ قەبىھلىك سىلەرگە ئېگىز تامنىڭ بىر يېرىقىدەك بولىدۇ،
تام پۇلتىيىپ قالغاندا، ئۇ بىراقلا ئۇنى چېقىۋېتىدۇ؛
14 خۇددى ساپال چىنە ھېچ ئايىماي چېقىۋېتىلگەندەك ئۇ ئۇنى چېقىۋېتىدۇ؛
ئۇنىڭدىن ھەتتا ئوچاقتىن چوغ ئالغۇدەك،
باكتىن سۇ ئۇسقۇدەك بىرەر پارچىسىمۇ قالمايدۇ».
15 شۇڭا رەب پەرۋەردىگار، ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ــ
«يېنىمغا توۋا بىلەن قايتىپ كېلىپ ئارام تاپىسىلەر، قۇتقۇزۇلىسىلەر؛
خاتىرجەملىكتە ھەم ئامان-ئېسەنلىكتە كۈچ ئالىسىلەر!»،
بىراق سىلەر رەت قىلغانسىلەر.
16 سىلەر: ــ «ياق، بىز ئاتلارغا مىنىپ قاچىمىز» ــ دېدىڭلار،
شۇڭا سىلەر راست قاچىسىلەر!
ۋە «بىز چاپقۇر ئۇلاغلارغا مىنىپ كېتىمىز» ــ دېدىڭلار؛
شۇڭا سىلەرنى قوغلىغۇچىلارمۇ چاپقۇر بولىدۇ.

---

**13:30** يەش. 5:29

14:30 **«خۇددى ساپال چىنە ھېچ ئايىماي چېقىۋېتىلگەندەك ئۇ ئۇنى تامنى چېقىۋېتىدۇ»** ــ تام چاققۇچىنى خۇدانىڭ ئۆزى دەپ قارايمىز. تامدا پەيدا بولغان يېرىق بولسا ئىسرائىلنىڭ قەبىھلىكىدۇر (13-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). ئادەمنىڭ گۇناھى ئۆزىنى ئىچىدىن (يېرىق تامنى ۋەيران قىلغاندەك) ۋەيران قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇدانىڭ جازالىشى ئۇنىڭغا چۈشۈش بىلەن ئۇ تېخىمۇ تۈگىشىدۇ.

**14:30** يەر. 11:19

15:30 **«يېنىمغا توۋا بىلەن قايتىپ كېلىپ ئارام تاپىسىلەر، قۇتقۇزۇلىسىلەر؛ خاتىرجەملىكتە ھەم ئامان-ئېسەنلىكتە كۈچ ئالىسىلەر!»** ــ مۇشۇ سۆز يەشايا پەيغەمبەرنىڭ بېشارەتلىرىنىڭ جەۋھىرى.

17 مىڭلىغان بىرىنىڭ ۋەھىمىسىدىن قاچىسىلەر؛
بەشىنىڭ ۋەھىمىسىدە ھەممىڭلار قاچىسىلەر؛
قېچىپ، تاغ ئۈستىدىكى يېگانە بايراق خادىسىدەك،
دۆڭ ئۈستىدىكى تۇغدەك قالىسىلەر.

## خۇدانىڭ كۈتكەن ئۈمىدى
## ئۇنىڭ ئاخىرقى پىلانلىرى - پارلاق كېلەچەك

18 ۋە شۇڭا سىلەرگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىمەن دەپ، پەرۋەردىگار كۈتىدۇ؛
شۇڭا ئۇ سىلەرگە رەھىم قىلىمەن دەپ ئورنىدىن قوزغىلىدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار ھۆكۈم-ھەقىقەت چىقارغۇچى خۇدادۇر؛
ئۇنى كۈتكەنلەرنىڭ ھەممىسى بەختلىكتۇر!
19 چۈنكى خالايىق يەنىلا زىئوندا، يەنى يېرۇسالېمدا تۇرىدۇ؛
شۇ چاغدا سىلەر يەنە ھېچ يىغلىمايسىلەر؛

---

**17:30 «مىڭلىغان بىرىنىڭ ۋەھىمىسىدىن قاچىسىلەر؛ بەشىنىڭ ۋەھىمىسىدە ھەممىڭلار قاچىسىلەر»** ــ مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتىكى «لاۋىيلار» دېگەن قىسمىدا 8:26-ئايەتتە خۇدانىڭ مۇنداق ۋەدىسىنى خاتىرىلىگەن: «(ماڭا تايانغان بولساڭلار) بەشىڭلار يۈز (ئادەم)نى، يۈزۈڭلار بىر تۈمەننى قوغلىۋېتىسىلەر». ئەمدىكى ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە. **«تاغ ئۈستىدىكى بايراق... دۆڭ ئۈستىدىكى... تۇغ»** ــ (1) دېمەك، قالغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز. (2) مۇشۇ ئىككى نەرسە (بايراق ۋە تۇغ) ئادەتتە ئۇرۇش قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۇرۇشتىكى بىر تەرەپ مەغلۇپ بولسا مۇشۇ نەرسىلەر تاشلىنىپ قالىدۇ؛ غەلىبە قىلسا ئۇلار ئېلىپ كېتىلىدۇ؛ شۇڭا ئۇلار مۇشۇ يەردە مەغلۇبىيەتنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**17:30** يەش. 6:17؛ 6،13:24

**18:30 «ۋە شۇڭا سىلەرگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىمەن دەپ، پەرۋەردىگار كۈتىدۇ؛ شۇڭا ئۇ سىلەرگە رەھىم قىلىمەن دەپ ئورنىدىن قوزغىلىدۇ... ئۇنى كۈتكەنلەرنىڭ ھەممىسى بەختلىكتۇر!»** ــ مۇشۇ ئايەت بەلكىم كىتابنىڭ ئادەمنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان يەرلىرىدىن بىرىدۇر. نېمىشقا ئىسرائىلنىڭ كاجلىقى، خۇدانىڭ قاتتىق جازالىشى تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن ئايەت «شۇڭا» بىلەن باشلىنىدۇ؟ خۇدانىڭ ئىسرائىلنى قاتتىق جازالىغىنى بىلەن ئۇ ئەڭ ئاخىردا ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ رەھىمدىللىق كۆرسەتمەكچى. يۇقىرىقى جازالار بەلكىم ئىسرائىلنىڭ «قالدىسى»نى خۇدانىڭ نىجاتىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلايدۇ. «شۇڭا» خۇدا بۇنى سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتىدۇ.

**18:30** زەب. 12:2؛ 8:34؛ پەند. 20:16؛ يەر. 7:17

**كۆتۈرگەن نالەڭدە ئۇ ئۆزىنى ساڭا ئىنتايىن شەپقەتلىك كۆرسىتىدۇ؛**
**ئۇ نالەڭنى ئاڭلىسىلا، جاۋاب بېرىدۇ.**
**[20] رەب سىلەرگە نان ئۈچۈن مۇشكۇللۇكنى،**
**سۇ ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەتنى بەرسىمۇ،**
**شۇ چاغدا سېنىڭ ئۇستازىڭ يەنە يوشۇرۇنۇۋەرمەيدۇ،**
**بەلكى كۆزۈڭ ئۇستازىڭنى كۆرىدۇ؛**
**[21] سىلەر ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلساڭلار،**
**ياكى سول تەرەپكە بۇرۇلساڭلار،**
**قۇلىقىڭ كەينىڭدىن: ــ**
**«يول مانا مۇشۇ، ئۇنىڭدا مېڭىڭلار!» دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلايسەن.**
**[22] شۇ چاغدا سىلەر ئويۇلغان مەبۇدلىرىڭلارغا بېرىلگەن كۈمۈش هەلگە،**
**قۇيما مەبۇدلىرىڭلارغا بېرىلگەن ئالتۇن هەلگىمۇ داغ تەگكۈزىسىلەر؛**
**سىلەر ئۇلارنى ئادەت لاتىسىنى تاشلىغاندەك تاشلىۋېتىپ: ــ**
**«نېرى تۇر» ــ دەيسىلەر.**
**[23] ئۇ سەن تېرىيدىغان ئۇرۇقۇڭ ئۈچۈن يامغۇر ئەۋەتىدۇ؛**
**يەردىن چىقىدىغان ئاشلىق-مەهسۇلات هەم كۈچ-قۇۋۋەتلىك هەم مول بولىدۇ؛**
**شۇ كۈنى ماللىرىڭ كەڭ-ئازادە يايلاقلاردا يايلايدۇ؛**
**[24] يەر هەيدىگەن كالا ۋە ئېشەكلەر بولسا،**
**گۈرجەك ۋە ئارا بىلەن سورۇغان، تۇزلانغان هەلەپ يەيدۇ.**
**[25] چوڭ قىرغىنچىلىق بولغان كۈنى،**
**يەنى مۇنارلار ئۆرۈلگەن كۈنى،**
**هەربىر ئۇلۇغ تاغدا ۋە هەربىر ئېگىز دۆڭدە بولسا،**

---

**20:30 «سېنىڭ ئۇستازىڭ»** ــ مۇشۇ يەردە بۇ سۆز ياكى (كۆپلۈك شەكلىدە) «ئۇستازلىرىڭ» ياكى (بىرلىك شەكلىدە) «ئۇستازىڭ» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. ئالدى-كەينىدىكى سۆزلەرگە قارىغاندا، «ئۇستاز» بولسا كېرەك. «ئۆزىنى يوشۇرغان» «ئۇستازىڭ»نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇشۇ ئايەتنى 8-باب، 17-ئايەت بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

**ئەنھارلار ۋە ئېرىقلار بولىدۇ.**
**[26] پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنىڭ جاراھىتىنى تاڭىدىغان،**
**ئۇلارنىڭ قامچا يارىسىنى ساقايتقان شۇ كۈندە،**
**ئاي شولىسى قۇياش نۇرىدەك بولىدۇ،**
**قۇياش نۇرى بولسا يەتتە ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ،**
**يەنى يەتتە كۈندىكى نۇرغا باراۋەر بولىدۇ.**

## ئاسۇرىيە ھۇجۇم قىلمايدۇ ـ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان جازا

**[27] مانا، پەرۋەردىگارنىڭ نامى يىراقتىن كېلىدۇ،**
**ئۇنىڭ قەھرى يالقۇنلىنىپ،**
**قويۇق ئىس-تۈتەكلىرى كۆتۈرۈلىدۇ؛**
**لەۋلىرى غەزەپكە تولۇپ،**
**تىلى يۇتۇۋالغۇچى يانغىن ئوتتەك بولىدۇ.**
**[28] ئۇنىڭ نەپەسى خۇددى تېشىپ بويۇنغا يېتىدىغان كەلكۈندەك بولىدۇ،**
**شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەللەرنى بىمەنىلىكنى يوقاتقۇچى غەلۋىر بىلەن تاسقايدۇ،**
**شۇنداقلا خەلق-مىللەتلەرنىڭ ئاغزىغا ئۇلارنى ئازدۇرىدىغان يۈگەن**

---

25:30 **«چوڭ قىرغىنچىلىق بولغان كۈنى، يەنى مۇنارلار ئۆرۈلگەن كۈنى...»** ــ قايسى قىرغىنچىلىقنىڭ بولغانلىقى، قايسى مۇنارلارنىڭ ئۆرۈلگەنلىكى مۇشۇ يەردە دېيىلمىدى. قانداقلا بولمىسۇن، مۇشۇ ئىشلار جىسمانىي ھەم روھىي دۈشمەنلەرنىڭ يوقىتىلىشىنى بىلدۈرىدۇ؛ مۇشۇ ئىشلار ئاخىرقى زامانلاردا يۈز بېرىشى مۇمكىن. **«ئەنھار»** ــ كىچىك ئېرىق.
26:30 **«ئۆز خەلقىنىڭ جاراھىتى»** ــ ياكى «ئۆز خەلقىنىڭ سۇنغان يېرىنى».

**سالىدۇ.**
**29 مۇقەددەس بىر ھېيت ئۆتكۈزۈلگەن كېچىدىكىدەك، كۆڭلۈڭلاردىن**
**ناخشا ئۇرغۇپ چىقىدۇ،**
**ئىسرائىلغا ئۇيۇلتاش بولغان پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا نەي ناۋاسى**
**بىلەن چىققان بىرسىنىڭ خۇشاللىقىدەك، كۆڭلۈڭلار خۇشال بولىدۇ.**
**30 پەرۋەردىگار ھەيۋەتلىك ئاۋازىنى ياڭرىتىدۇ؛**
**ئۇ قايىنىغان قەھرى، يۇتۇۋالغۇچى يالقۇنلۇق ئوت، گۈلدۈرمامىلىق**
**يامغۇر، بوران-شاۋقۇن، مۆلدۈرلەر بىلەن ئۆز بىلىكىنى سوزۇپ**
**كۆرسىتىدۇ.**
**31 چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى بىلەن ئاسۇرىيە يانجىلىدۇ،**
**باشقىلارنى ئۇرۇش تايىقى** بولغان ئاسۇرىيە **يانجىلىدۇ!**
**32 ۋە پەرۋەردىگار تەييارلىغان كالتەك بىلەن ھەر قېتىم ئۇنى ئۇرغاندا،**
**بۇنىڭغا داپلار ھەم چىلتارلار تەڭكەش قىلىنىدۇ؛**
**ئۇ قولىنى ئويىنىتىپ زەرب قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىدۇ.**

---

28:30 **«ئۇنىڭ نەپەسى خۇددى تېشىپ بويۇنغا يېتىدىغان كەلكۈندەك بولىدۇ»** ــ يۇقىرىقى 8-باب، 8-ئايەت بىلەن سېلىشتۇرۇڭ. ئاسۇرىيە ئىسرائىلغا قانداق قىلغان بولسا، پەرۋەردىگارمۇ ئۇلارغا (ئاسۇرىيلەرگە) شۇنداق قىلىدۇ. **«بىمەنىلىك بىمەنىلىكنى يوقاتقۇچى غەلۋىر»** ــ «بىمەنىلىك» بەلكىم بۇتلارغا ئىشىنىپ-تايىنىشنى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇ پەرۋەردىگار .... شۇنداقلا خەلق-مىللەتلەرنىڭ ئاغزىغا ئۇلارنى ئازدۇرىدىغان يۈگەن سالىدۇ»** ــ ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب تۇتۇۋالغان ئەسىرلىرىنىڭ ئاغزىغا يۈگەن سېلىپ، ئۇلارنى ئاشۇنداق رەھىمسىز يول بىلەن ئېلىپ ماڭاتتى. مۇشۇ يەردە ئاسۇرىيەدىن باشقا ئەللەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، بېشارەتنىڭ ھەم شۇ چاغدىكى ئاسۇرىيەنى ھەم ئاخىرقى زاماندىكى «ئاخىرقى ئۇرۇش»نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە كېرەك. ئۇنداق بولسا ئاسۇرىيە پادىشاھى يەنە ئاخىرقى زاماندىكى دەججالغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ياكى «بېشارەتلىك رەسىم» بولىدۇ.

**28:30** يەش. 8:8

**31:30 «پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى بىلەن ئاسۇرىيە يانجىلىدۇ، ــ باشقىلارنى ئۇرۇش تايىقى بولغان ئاسۇرىيە يانجىلىدۇ!»** ــ ئاسۇرىيەنىڭ خۇدانىڭ تايىقى ئىكەنلىكى 10-باب، 5-ئايەتتە كۆرسىتىلگەن.

ــ «باشقىلارنى ئۇرۇش تايىقى (بولغان ئاسۇرىيە) يانجىلىدۇ!» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئۇ (پەرۋەردىگار) ئۇنى (ئاسۇرىيەنى) تاياق بىلەن ئۇرىدۇ».

[33] چۈنكى توفەت قەدىمدىن تارتىپ تەييار تۇرغاندى؛
بەرھەق، پادىشاھ ئۈچۈن تەييارلانغان،
پەرۋەردىگار ئۇنى چوڭقۇر ھەم كەڭ قىلغان؛
ئوتۇنلىرى كۆپ يالقۇنلۇق بىر گۈلخان بار،
پەرۋەردىگارنىڭ نەپەسى بولسا گۈڭگۈرت ئېقىمىدەك ئۇنى
تۇتاشتۇرىدۇ.

## مىسىر بىلەن ئىتتىپاقلاشماڭلار!
## خۇدا ئۆزى ئاسۇرىيەنى يىقىتىدۇ

31 [1] ــ ياردەم ئىزدەپ مىسىرغا بارغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
ئۇلار ئاتلارغا تايىنىپ،
كۆپ بولغانلىقىدىن جەڭ ھارۋىلىرىغا،
ئىنتايىن كۈچلۈك بولغانلىقىدىن ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئىشىنىپ
كەتتى!
بىراق ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىغا قارىمايدۇ،
پەرۋەردىگارنى ئىزدىمەيدۇ.
[2] بىراق ئۇمۇ دانادۇر!
ئۇ كۈلپەت ئېلىپ كېلىدۇ،
دېگەنلىرىنى قايتۇرۇۋالمايدۇ؛
ئۇ بۇزۇقلارنىڭ جەمەتىگە،
شۇنداقلا قەبىھلىك قىلغۇچىلارغا ياردەمدە بولغانلارغا قارشى

33:30 **«توفەت»** ــ يېرۇسالېم سىرتىدىكى، ئەخلەت كۆيدۈرىدىغان بىر جىلغا. ئۇ يەنە «گې-خىننوم» ــ «ھالاكەت جىلغىسى» دەپ ئاتىلىپ دوزاقنىڭ كۈچلۈك بىر سىمۋولى بولىدۇ (ئەرەبچە «جەھەننەم» دېگەن سۆز دەل بۇ «گې-خىننوم»دىن كەلگەن). **«بەرھەق، پادىشاھ ئۈچۈن تەييارلانغان؛ پەرۋەردىگار ئۇنى چوڭقۇر ھەم كەڭ قىلغان، ئوتۇنلىرى كۆپ يالقۇنلۇق بىر گۈلخان بار...»** ــ دېمەك، ئاسۇرىيە پادىشاھى يەھۇداغا قارشى يۈرۈش قىلغاندا، ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان «جەسەتنى كۆيدۈرۈش» گۈلخانىغا قاراپ مېڭىۋاتاتتى.
**1:31** زەب. 7:20؛ 16:33-17؛ پەند. 31:21؛ يەر. 5:17

**ئورنىدىن قوزغىلىدۇ.**
**[3] مىسىرلىقلار تەڭرى ئەمەس، ئادەملەر خالاس؛**
**ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بولسا روھتىن ئەمەس، ئەتتىن خالاس؛**
**پەرۋەردىگار بولسا قولىنى ئۇزارتىدۇ،**
**ياردەم بەرگۈچى بولسا پۇتلىشىدۇ؛**
**ياردەم بېرىلگۈچى بولسا يىقىلىدۇ؛**
**ئۇلار ھەممىسى بىراقلا يوقىلىدۇ.**
**[4] چۈنكى پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېگەن: ــ**
**«ئۆۋنى تۇتۇۋالغان شىر ياكى ئارسلاننى بىر تەرەپ قىلىشقا توپ-توپ پادىچىلار چاقىرىلغاندا،**
**شىر ياكى ئارسلان ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىدىن ھېچ قورقماي،**
**شاۋقۇنلىرىدىن ھېچ ھودۇقماي،**
**بەلكى ئۆۋنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ غار-غۇر تالىغىنىدەك،**
**ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارمۇ ئوخشاشلا زىئون تېغى ۋە ئېگىزلىكلىرى ئۈچۈن چۈشۈپ جەڭ قىلىدۇ.**

---

31:2 **«بىراق ئۇمۇ دانادۇر!»** ــ «ئۇمۇ» دېگەن سۆز كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ: «سەن ئىسرائىل بەك ئەقىللىق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ لېكىن **ئۇمۇ** (خۇدامۇ) دانالىققۇ!» دېگەندەك. ئىسرائىلنىڭ ھېچ دانالىقى يوق ئىدى.

31:4 **«توپ-توپ پادىچىلار»** ــ بۇ ئىبارە مىسىرنى كۆرسەتسە، ناھايىتى كىنايىلىك گەپ بولىدۇ؛ چۈنكى مىسىرلىقلار قويچى ۋە پادىچىلارغا ئۆچ ئىدى («يار.» 46:34نى كۆرۈڭ). بەلكىم مۇشۇ تەمسىلنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمى، خۇدا ئىسرائىلنى (شىردەك، ئاسۇرىيە ئارقىلىق) جازالىماقچى بولسا، مىسىرلىقلارنى ياردەم بېرىشكە چاقىرىش بىھۇدىلىكتۇر. ئىككىنچى يېرىمى بولسا، خۇدا ئاخىردا ئۆزى (قۇشتەك ئۆز قانتى ئاستىغا ئېلىپ ــ 31-ئايەت) ئىسرائىلنى ئاسۇرىيەدىن قۇتقۇزىدۇ، دېگەن مەنىدە. **«شاۋقۇنلىرىدىن ھېچ ھودۇقماي،...»** ــ ياكى «ئۇلارنىڭ ئالدىدا يولنى بوشاتمايدىغان،...». **«ئۇ پەرۋەردىگار زىئون تېغى ... ئۈچۈن چۈشۈپ جەڭ قىلىدۇ»** ــ پەرۋەردىگار كىمگە قارشى چىقىپ جەڭ قىلىدۇ؟ يۇقىرىقى ئايەتكە قارىغاندا، ئۇ ئاۋۋال شىردەك (ئاسۇرىيە ئارقىلىق) ئۆز ئولجىسى قىلماقچى بولغان يېرۇسالېمنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئاندىن «ئوۋغا ياردەمچى سۈپىتىدە» «ئۇنى شىردىن قۇتقۇزىمىز» دېگەن مىسىر بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ھېچبولمىغاندا، يېرۇسالېم خۇدانىڭ (ئاسۇرىيەلىكلەر ئارقىلىق بولغان) تەربىيە جازاسىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ. بىراق 5-ئايەتتە، خۇدا ئاخىردا ئۇلارنى ئاسۇرىيەنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن قۇتقۇزىدۇ، دەيدۇ.

5 ئۇستىدە پەرۋاز قىلىدىغان قۇشلاردەك ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار ئۆز قانتى ئاستىغا يېرۇسالېمنى ئالىدۇ؛
قانتى ئاستىغا ئېلىپ، زىئوننى قۇتقۇزىدۇ؛
ئۇنىڭ «ئۆتۈپ كېتىشى» بىلەن زىئون نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

## خۇدانىڭ توۋا قىلىشقا چاقىرىشى

6 سىلەر دەھشەتلىك ئاسىيلىق قىلغان ئىگەڭلارنىڭ يېنىغا توۋا
قىلىپ قايتىڭلار،
ئى ئىسرائىل باللىرى!
7 چۈنكى شۇ كۈندە ئىنسانلار ھەربىرى ئۆزى ئۆچۈن ئۆز قولى بىلەن
ياسىغان كۆمۈش بۇتلارنى ۋە ئالتۇن بۇتلارنى: ــ «گۇناھتۇر!» دەپ
تاشلىۋېتىدۇ».

8 «شۇ چاغدا ئاسۇرىيە قىلىچ بىلەن يىقىلىدۇ،
بىراق باتۇرنىڭ قىلىچى بىلەن ئەمەس؛
بىر قىلىچ ئۇنى يۇتۇۋالىدۇ، بىراق قىلىچ ئادەتتىكى ئادەمنىڭكى
بولمايدۇ؛
ئۇ جېنىنى ئېلىپ قىلىچتىن قاچماقچى بولىدۇ،

---

5:31 **«ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ «ئۆتۈپ كېتىشى» بىلەن زىئون نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ»** ــ خۇدا مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدە ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزغاندا، ئىسرائىللارنىڭ ئۆيلىرىدىن «ئۆتۈپ كېتىش»ى بىلەن ئۇلارنى جازالىماي، ئۇلارنى قۇتقۇزغان. تەپسىلاتلىرى ئۈچۈن «مىس.» 23:12 ۋە «زەب.» 49:78نى كۆرۈڭ ــ ئۇ ئۆزى ئەۋەتكەن «ھالاك قىلغۇچى پەرىشتە» ئىسرائىللارنىڭ ئۆيلىرىگە يېتىپ كەلگەندە ئۆزى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا «ئۆتۈپ تۇرۇش»ى بىلەن ھالاك قىلغۇچى پەرىشتىنىڭ يولىنى توسۇپ، مۇھاپىزەت قىلىپ ئۇلارنى ساق قالدۇرغان. «ئۆتۈپ كېتىش» دېگەن سۆز ئىسرائىلنى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئەسكەرتكەن بولسا كېرەك. «مىس.» 13:12، 23-ئايەت ۋە ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈڭ.

**5:31** قان. 11:32

**7:31** يەش. 20:2

ئارىسىدىكى يىگىتلىرى ئالۋانغا سېلىنىدۇ.
9 ۋەھىمىدىن ئۇنىڭ «ئۇل تېشى» يوقايدۇ؛
ئۇنىڭ سەردارلىرى جەڭ تۇغىدىن ئالاقزادىلىشىدۇ» ــ دەپ جاكارلايدۇ
زىئوندا ئوتى كۆيىۋاتقان،
يېرۇسالېمدا خۇمدېنى يالقۇنلاۋاتقان پەرۋەردىگار.

## يېڭى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ يېڭى جەمئىيىتى

32 1 مانا، ھەققانىيلىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىر پادىشاھ چىقىدۇ؛
ئەمىرلەر بولسا توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ ئىدارە قىلىدۇ.
2 ھەم شامالغا دالدا بولغۇدەك،
بورانغا پاناھ بولغۇدەك،
قاغجىراق جايغا ئېرىق-سۇلاردەك،
چاڭقاپ كەتكەن زېمىنغا قورام تاشنىڭ سايىسىدەك بولغان بىر ئادەم چىقىدۇ.
3 شۇنىڭ بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزلىرى ھېچ تورلاشمايدۇ،
ئاڭلايدىغانلارنىڭ قۇلىقى ئېنىق تىڭشايدۇ؛
4 بەڭباشنىڭ كۆڭلى بىلىمنى تونۇپ يېتىدۇ،
كېكەچنىڭ تىلى تېز ھەم ئېنىق سۆزلەيدۇ.

---

8:31 **«ئاسۇرىيە قىلىچ بىلەن يىقىلىدۇ، بىراق باتۇرنىڭ قىلىچى بىلەن ئەمەس؛ ... قىلىچ ئادەتتىكى ئادەمنىڭكى بولمايدۇ»** ــ دېمەك، قىلىچ ئىنسان تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدا تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ (36-، 37-بابنى كۆرۈڭ).

9:31 **«ۋەھىمىدىن ئۇنىڭ «ئۇل تېشى» يوقايدۇ...»** ــ «ئۇل تېشى» ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولۇشى كېرەك.

**9:31** 2پاد. 36،37:19

**1:32** زەب. 4:45-7؛ زەك. 9:9

2:32 **«چاڭقاپ كەتكەن زېمىن»** ــ ياكى «چارچاپ كەتكەن زېمىن».

**3:32** يەش. 18:29؛ 21:30




5 پەسەندىلەر ئەمدى پەزىلەتلىك دەپ ئاتالمايدۇ،
پىقسىق ئىپلاسلار ئەمدى مەرد دەپ ئاتالمايدۇ،
6 چۈنكى پەسەندە ئادەم پەسلىكنى سۆزلەيدۇ،
ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇقچىلىق تەييارلايدۇ،
ئىپلاسلىق قىلىشقا،
پەرۋەردىگارغا داغ كەلتۈرۈشكە،
ئاچلارنىڭ قورسىقىنى ئاچ قالدۇرۇشقا،
چاڭقىغانلارنىڭ ئىچىملىكىنى يوقىتىۋېتىشكە نىيەتلىنىدۇ.
7 بەرھەق، ئىپلاس ئادەمنىڭ تەدبىرلىرى قەبىھتۇر؛
ئۇ قەستلەرنى پەملەپ ئولتۇرىدۇ،
مۆمىنلەرنى يالغان گەپ بىلەن،

يوقسۇلنىڭ دەۋاسىدا گەپ قىلىپ ئۇنى ۋەيران قىلىشنى پەملەپ

ئۆلتۈرىدۇ.
[8] پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ قىلغان نىيەتلىرى بەرھەق پەزىلەتلىكتۇر؛
ئۇ پەزىلەتتە مۇقىم تۇرىدۇ.

## مەڭگۈلۈك بەختنى ياكى بالايىئاپەتنى ـ ھازىر تاللاش كېرەك!

[9] ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، ئى خاتىرجەم ئاياللار، ئاۋازىمنى ئاڭلاڭلار!
ئى ئەندىشىسىز قىزلار، سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار!
[10] بىر يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا، ئى بىغەم ئاياللار،
پاراكەندە قىلىنىسىلەر!
چۈنكى ئۈزۈم ھوسۇلى بىكارغا كېتىدۇ،
مېۋە يىغىش يوق بولىدۇ.
[11] ئى خاتىرجەم ئاياللار، تىترەڭلار!
ئى ئەندىشىسىز قىزلار، پاتىپاراق بولۇڭلار!
كىيىمڭلارنى سېلىۋېتىڭلار، ئۆزۈڭلارنى يالاڭ قىلىڭلار،
چاترىقىڭلارغا بۆز باغلاڭلار!
[12] گۈزەل ئېتىز-باغلار ئۈچۈن،
مېۋىلىك ئۈزۈم تاللىرى ئۈچۈن مەيدەڭلارغا ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىڭلار!
[13] ئۇستىدە تىكەن-يانتاقلار ئۆسىدىغان ئۆز خەلقىمنىڭ زېمىنى ئۈچۈن،
شاد-خۇرام ئۆيلەر، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ ئويناپدىغان بۇ شەھەر ئۈچۈن
قايغۇرۇڭلار!

[14] چۈنكى ئوردا تاشلىنىدۇ،

---

7:32 **«يوقسۇلنىڭ دەۋاسىدا گەپ قىلىپ ئۇنى ۋەيران قىلىشنى پەملەپ ئۆلتۈرىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «لىللا-ئادىل دەۋا قىلغان يوقسۇلنى يوقىتىش ئۈچۈن پەملەپ ئۆلتۈرىدۇ».

11:32 **«كىيىمڭلارنى سېلىۋېتىڭلار، ئۆزۈڭلارنى يالاڭ قىلىڭلار، چاترىقىڭلارغا بۆز باغلاڭلار!»** ــ بۇلار بولسا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلارنىڭ مەجبۇرىي قىلىدىغان ئىشلىرى.

**ئادەملەر بىلەن لىق تولغان شەھەر ئادەمزاتسىز بولىدۇ،**
**ئىستىھكام ۋە كۆزەت مۇنارلىرى ئۇزۇن زامانغىچە پەقەتلا ياۋايى**
**ئېشەكلەر زوق ئالىدىغان،**
**قوي پادىلىرى ئوزۇقلىنىدىغان بوز يەرلەر بولىدۇ.**
[15] **تاكى روھ بىزگە يۇقىرىدىن تۆكۈلگۈچە،**
**دالالار مېۋىلىك باغ-ئېتىزلار بولغۇچە،**
**مېۋىلىك باغ-ئېتىزلار ئورمانزار دەپ ھېسابلانغۇچە شۇ پېتى بولىدۇ.**
[16] **شۇ چاغدا ئادالەت دالانى،**
**ھەققانىيلىق مېۋىلىك باغ-ئېتىزلارنى ماكان قىلىدۇ.**
[17] **ھەققانىيلىقتىن چىقىدىغىنى خاتىرجەملىك بولىدۇ،**
**خاتىرجەملىكنىڭ نەتىجىسى بولسا مەڭگۈگە بولىدىغان ئارام-**
**تىنچلىق ۋە ئامان-ئېسەنلىك بولىدۇ.**
[18] **شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ خەلقىم خاتىرجەم ماكانلاردا،**
**ئىشەنچلىك تۇرالغۇلاردا ۋە تىنچ ئارامگاھلاردا تۇرىدۇ.**

---

15:32 **«روھ بىزگە يۇقىرىدىن تۆكۈلگۈچە،...»** — مۇشۇ يەردە «روھ» خۇدانىڭ روھىنى بىلدۈرىدۇ. تېكستتە «كىمنىڭ روھى» ئىكەنلىكى دېيىلمىگەن ئەھۋالدا «روھ» دېگەن سۆز ئايرىم كۆرۈلسە، ئۇنداقتا شۈبھىسىزكى خۇدانىڭ روھىنى كۆرسىتىدۇ. **«دالالار مېۋىلىك باغ-ئېتىزلار بولغۇچە، مېۋىلىك باغ-ئېتىزلار ئورمانزار دەپ ھېسابلانغۇچە...»** — دېمەك، يەر يۈزىدىكى بوز يەرلەر مۇنبەت بولىدۇ ۋە ھازىر مۇنبەت يەرلەرمۇ تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**15:32** يەش. 17:29؛ يو. 28:2، 29؛ يۇھ. 37:7، 38؛ روس. 17:2، 18

**18:32** يەر. 16:33

## جازا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىنكى بەخت-بەرىكەت

[19] ئورمان كېسىلىپ يىقىتىلغاندا مۆلدۈر ياغسىمۇ،
شەھەر پۈتۈنلەي يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلسىمۇ،
[20] سۇ بويىدا ئۇرۇق تېرىغۇچىلار،
كالا ۋە ئېشەكلەرنى كەڭ دالاغا قويۇۋېتىدىغانلار بەختلىكتۇر!

## نىجات زىئونغا كېلىدۇ

33 [1] ئى ئۆزۈڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنمىغان، باشقىلارنى بۇلاڭ-تالاڭ
قىلغۇچى، باشقىلار ساڭا ئاسىيلىق قىلمىغان،
ئۆزۈڭ ئاسىيلىق قىلغۇچى، سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي!
سەن بۇلاڭ-تالاڭنى بولدى قىلىشىڭ بىلەن،
ئۆزۈڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىسەن؛
سەن ئاسىيلىقنى بولدى قىلىشىڭ بىلەن،
ئۆزۈڭ ئاسىيلىققا ئۇچرايسەن؛

---

20:32 **«ئورمان كېسىلىپ يىقىتىلغاندا مۆلدۈر ياغسىمۇ،... سۇ بويىدا ئۇرۇق تېرىغۇچىلار، كالا ۋە ئېشەكلەرنى كەڭ دالاغا قويۇۋېتىدىغانلار بەختلىكتۇر!»** — (19-20) دېمىسەكمۇ، بۇ ناھايىتى سىرلىق بىر سۆزدۇر. بەلكىم بىزنى ئاخىرقى زامانلاردىكى ئىككى ئەھۋال توغرىسىدا ئەسلىتىدۇ. «ئورمان يىقىلىدۇ» — تەكەببۇرلار پەس قىلىنىدۇ (10-باب، 18- ۋە 33-34-ئايەتنى كۆرۈڭ). «شەھەر» بەلكىم يۇقىرىقى (24-بابتىكى) «تەرتىپسىز شەھەر» بولۇپ، خۇدا تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىدۇ. بىراق كىچىك پېئىللىق تۆرمۈشنى تاللىغانلار، مەسىلەن ئۆز كالا-ئېشەكلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغانلار بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ.

1:33 **«ئى ئۆزۈڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنمىغان، باشقىلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچى، باشقىلار ساڭا ئاسىيلىق قىلمىغان، ئۆزۈڭ ئاسىيلىق قىلغۇچى، سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي!...»** — مۇشۇ ئايەت ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىبنى كۆرسىتىدۇ. ئىسرائىل پادىشاھى ھەزەكىيا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ سەنناخېرىب بىلەن «سۈلھ» ئەھدىسىنى تۈزدۈرگەن («2پاد.» 13:18-18ئايەتنى كۆرۈڭ)؛ ئىلگىرىكى ئاھاز پادىشاھنىڭمۇ ئاسۇرىيە بىلەن تۈزگەن «تىنچلىق» ئەھدىسى بار ئىدى («2پاد.» 16-بابنى كۆرۈڭ). سەنناخېرىب مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 701-يىلى، ئىككى ئەھدىنى بۇزۇپ ئىسرائىل (يەھۇدا)نىڭ پۈتۈن زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، پايتەختى يېرۇسالېمغا تەھدىت سالدى. ئۇنىڭ شۇنداق «ئاسىيلىق» ئىشلىرى خېلى كۆپ ئىدى.
—بەلكىم، مۇشۇ بېشارەتتىكى «ئاسىيلىق قىلغۇچى»، «ئەھدىنى بۇزۇدىغان» دېگەن سۆزلەر ئاخىرقى زامانىدىكى دەججالنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**2 ئى پەرۋەردىگار، بىزگە مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكەيسەن؛
بىز سېنى ئۈمىد بىلەن كۈتۈپ كەلدۇق؛
ئۆتۈنىمىزكى، سەن ھەر سەھەر ئىسرائىلغا كۈچلۈك بىلەك-قول،
قىيىنچىلىق پەيتلىرىدە نىجاتىمىز بولغايسەن.
3 توپ-توپ ئادەملەرنىڭ غوۋغا-چۇقانلىرىدىن خەلقلەر بەدەر قاچىدۇ؛
سەن خۇدا قەددىڭنى تىك قىلىشىڭ بىلەن ئەللەر پىتىراپ كېتىدۇ؛
4 چېكەتكە لىچىنكىلىرى ئوت-كۆكلەرنى يىغىپ يەۋالغاندەك،
سىلەرگە بېكىتىپ بېرىلگەن ئولجا يىغىۋېلىنىدۇ؛
چېكەتكىلەر ئۇيان-بۇيان يۈگۈرگەندەك ئادەملەر ئولجا ئۈستىدە ئۇيان-بۇيان يۈگۈرۈشىدۇ.
5 پەرۋەردىگار ئۈستۈن تۇرىدۇ،
بەرھەق، ئۇنىڭ تۇرالغۇسى يۇقىرىدىدۇر؛
ئۇ زىئونغا ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق تولدۇردى؛
6 ئۇ بولسا كۈنلىرىڭلارنىڭ تىنچ-ئامانلىقى، نىجاتلىق، دانالىق ۋە بىلىمنىڭ بايلىقلىرى بولىدۇ؛
پەرۋەردىگاردىن قورقۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن گۆھەردۇر.**

3:33 **«توپ-توپ ئادەملەرنىڭ غوۋغا-چۇقانلىرىدىن خەلقلەر بەدەر قاچىدۇ؛ سەن ... قەددىڭنى تىك قىلىشىڭ بىلەن ئەللەر پىتىراپ كېتىدۇ»** — بۇ، بەلكىم، پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلنىڭ 2-ئايەتتىكى دۇئاسىغا بەرگەن جاۋابى بولۇشى مۇمكىن.
—«توپ-توپ ئادەملەرنىڭ غوۋغا-چۇقانلىرى...» بەلكىم ئېفىئوپىيە پادىشاھى تىرھاكاھنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ يۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ («2پاد.» 9:19-ئايەتنى كۆرۈڭ). سەنناخېرىب «تىرھاكاھ كېلىدۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ چېكىندى.
—ئاخىرقى زامانلاردا مۇشۇ ۋەقەگە ئوخشايدىغان يەنە بىر ۋەقە بولىدۇ («دان.» 44:11-ئايەتنى كۆرۈڭ).
4:33 **«سىلەرگە بېكىتىپ بېرىلگەن ئولجا يىغىۋېلىنىدۇ»** — بىزنىڭچە «سىلەر» ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ (6-ئايەتنى كۆرۈڭ). ئاسۇرىيەلىكلەر ئولجىنى ئۇلارغا تاشلاپ قاچىدۇ (36-، 37-بابنى كۆرۈڭ). باشقا تەرجىمانلار «سىلەر» دېگەن ئىسرائىلدىن باشقا ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ شەرھلەيدۇ.
6:33 **«پەرۋەردىگاردىن قورقۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن گۆھەردۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «پەرۋەردىگاردىن قورقۇش ئۇنىڭ ئادەملەرگە بېرىدىغان گۆھىرى».

## ئىسرائىلدىكى هازىرقى ئەھۋال

7 مانا، ئۇلارنىڭ پالۋانلىرى سىرتتا تۇرۇپ نالە-پەرياد كۆتۈرىدۇ؛
سۈلھ-ئەھدە تۈزگەن ئەلچىلەر قاتتىق يىغلىشىدۇ؛
8 يوللار ئادەمسىز قالدى؛
ئۆتكۈنچى يولچىلار يوق بولدى؛
ئۇ ئەھدىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛
شەھەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ،
ئادەملەرنى ھېچ ئەتىۋارلىمايدۇ.
9 زېمىن ماتەم تۇتىدۇ، زەئىپلىشىدۇ؛
لىۋان خىجالەتتىن سولىشىدۇ؛
شارون چۆل-باياۋانغا ئايلاندى؛
باشان ۋە كارمەل بولسا قىرىپ تاشلاندى.

## خۇدا ئۆرنىدىن تۇرۇپ قۇتقۇزىدۇ

10 مانا ھازىر ئورنۇمدىن تۇرىمەن،
دەيدۇ پەرۋەردىگار، ھازىر ئۆزۈمنى ئۈستۈن كۆرسىتىمەن،
ھازىر قەددىمنى كۆتۈرىمەن.
11 ــ سىلەرنىڭ بويۇڭلاردا قۇرۇق ئوت-چۆپلا بار،

---

7:33 **«مانا، ئۇلارنىڭ پالۋانلىرى ... نالە-پەرياد كۆتۈرىدۇ؛ سۈلھ-ئەھدە تۈزگەن ئەلچىلەر قاتتىق يىغلىشىدۇ»** ــ بىزنىڭچە بۇ ئايەت ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. 8-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«پالۋانلار ...نالە-پەرياد كۆتۈرىدۇ... ئەلچىلەر يىغلىشىدۇ»** ــ 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتتا دېيىلگەندەك، ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب «سۈلھ-ئەھدە»گە ئاسىيلىق قىلىپ، ئىسرائىلنى ئىشغال قىلغان؛ ئەھۋال 7-9-ئايەتلەردە تەسۋىرلىگەندەك بولغان. شۇ چاغدا ھەزەكىيا بىلەن ئۇ سەنناخېرىبقا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئاشۇ سۈلھ-ئەھدىنىڭ بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق پۇشايمان قىلغان بولسا كېرەك.

8:33 **«ئۇ ئەھدىنى بۇزۇپ تاشلىدى»** ــ «ئۇ» بەلكىم ئاسىيلىق قىلغۇچى (ئاسۇرىيەلىك) سەنناخېرىبنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاخىرقى زاماندىكى دەججالنىمۇ كۆزدە تۇتۇشى مۇمكىن.

9:33 **«لىۋان... شارون... باشان... كارمەل...»** ــ چىرايلىق ئورمانزارلىق رايون. شارون مۇنبەت يايلاق. باشان دەل-دەرەخلىرى كۆپ، چارۋىچىلىقتىن بېيىغان رايون. كارمەل يەرلىرى ئىنتايىن مۇنبەت، مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلار كۆپ چىقىدىغان، كۆپ يايلاقلىرى بار رايون ئىدى. خەرىتىلەرنى كۆرۈڭ.

**پاخال تۇغسىلەر؛**
**ئۆز نەپەسلىرىڭلار ئوت بولۇپ ئۆزۈڭلارنى يۇتۇۋېتىدۇ؛**
12 **ئەللەر بولسا هاك كۆيدۈرۈلگەندەك كۆيدۈرۈلىدۇ؛**
**ئورۇلغان جىغان-تىكەنلەردەك ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ.**
13 **ــ ئى يىراقتىكىلەر، مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ئاڭلاڭلار؛**
**يېقىندىكىلەر، مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمنى تونۇپ يېتىڭلار.**
14 **زىئوندىكى گۇناهكارلار قورقىدۇ؛**
**ۋەهىمە ئىپلاسلارنى بېسىۋالىدۇ.**
**ئۇلار: «ئارىمىزدىكى كىم مەڭگۈلۈك يۇتقۇر ئوت بىلەن بىللە تۇرىدۇ؟ كىم ئەبەدىلئەبەد يالقۇنلار بىلەن بىر ماكاندا بولىدۇ؟» ــ دەيدۇ.**

## سوئالغا جاۋاب

15 **ــ «هەققانىيلىق يولىدا ماڭىدىغان،**
**دۇرۇس-لىللا گەپ قىلىدىغان،**
**زالىملىقتىن كەلگەن هارام پايدىغا نەپرەتلىنىدىغان،**
**پارىلارنى سۇنغۇچىلارنى قولىنى پۇلاڭشىتىپ رەت قىلىدىغان،**
**قاننىڭ گېپى بولسىلا قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ئاڭلىمايدىغان،**
**يەسلىك-رەزىللىككە قاراشنى رەت قىلىپ، كۆزىنى قاچۇرىدىغان؛**

---

13:33 **«ئى يىراقتىكىلەر، مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ئاڭلاڭلار؛ يېقىندىكىلەر، مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمنى تونۇپ يېتىڭلار»** ــ مۇشۇ بېشارەت 10-ئايەتتىن باشلاپ ئاخىرقى زامانلارغا ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

15:33 **«هەققانىيلىق يولىدا ماڭىدىغان، دۇرۇس-لىللا گەپ قىلىدىغان..»** ــ بۇ سۆزلەر 14-ئايەتتىكى «ئارىمىزدىكى كىم مەڭگۈلۈك يۇتقۇر ئوت بىلەن بىللە تۇرىدۇ؟ كىم ئەبەدىلئەبەد يالقۇنلار بىلەن بىر ماكاندا بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا بولغان جاۋابنىڭ بېشىدۇر. **«پارىلارنى سۇنغۇچىلارنى قولىنى پۇلاڭشىتىپ رەت قىلىدىغان»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پارىلار تۇتقۇزۇپ قويۇلمىسۇن دەپ قوللىرى تىترەپ كېتىدىغان». **«يەسلىك-رەزىللىككە قاراشنى رەت قىلىپ، كۆزىنى قاچۇرىدىغان»** ــ مەنىسى بەلكىم: «رەزىللىكنى كۆزىتىشنى قەتئىي رەت قىلىدىغان».

**15:33** زەب. 1:15-2؛ 3:24-4

**16 ئۇ يۇقىرىنى ماكان قىلىدۇ؛**
**قورام تاشلار ئۇنىڭ قورغىنى بولۇپ،**
**يۇقىرى ئۇنىڭ باشپاناھى بولىدۇ؛**
**ئۆز رىسقى ئۇنىڭغا بېرىلىدۇ،**
**ئۇنىڭ سۈيى كاپالەتلىك بولىدۇ».**
**17 ــ «كۆزلىرىڭ پادىشاھنى گۈزەللىكىدە كۆرىدۇ؛**
**كۆزلىرىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان زېمىنغا نەزەر سالىدۇ.**
**18 كۆڭلۈڭ ۋەھىمە توغرىسىدا چوڭقۇر ئويغا پاتىدۇ؛**
**رويخەتچى بەگ قېنى؟**
**ئۆلجىنى ئۆلچەيدىغان تارازىچى بەگ قېنى؟**
**ئىستىھكام-مۇنارلارنى سانىغۇچى بەگ قېنى؟**
**19 قايتىدىن ئەشەددىي خەلقنى كۆرمەيسەن،**
**سەن ئاڭقىرالمايدىغان، بوغۇزىدا سۆزلەيدىغان،**
**دۇدۇقلاپ گەپ قىلىدىغان، گېپىنى چۈشىنەلمەيدىغان بىر خەلقنى ئىككىنچى كۆرمەيسەن.**

---

17:33 **«كۆزلىرىڭ پادىشاھنى گۈزەللىكىدە كۆرىدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە پادىشاھنىڭ كىم ئىكەنلىكى تېخى دەپ بېرىلمىدى. ئۇ يۇقىرىقى 9-باب، 6-ئايەت، 11-باب، 1-9-ئايەت ۋە 32-باب، 1-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان پادىشاھقا ئوخشاش ئادەم بولۇشى كېرەك. **«كۆزلىرىڭ پادىشاھنى گۈزەللىكىدە كۆرىدۇ»** ــ «گۈزەللىكىدە» دېگەنلىك، پادىشاھنىڭ بەلكىم باشقا ئەھۋالدىمۇ كۆرۈنۈشى مۇمكىن. **«ئۇزۇنغا سوزۇلغان زېمىن»** ــ بەلكىم كەڭ-ئازادىلىك، ھېچ ۋەھىمە كۆرۈنمەيدىغان زېمىن دېگەن مەنىدە.

18:33 **«روىخەتچى بەگ قېنى؟ ئۆلجىنى ئۆلچەيدىغان تارازىچى بەگ قېنى؟ ئىستىھكام-مۇنارلارنى سانىغۇچى بەگ قېنى؟»** ــ مۇشۇ بەگلەر، شۈبھىسىزكى، ئىسرائىلنى ئاياغ ئاستى قىلغان دۈشمەننىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ بەگلىرى؛ بىراق ئۇلارنىڭ روللىرى ئانچە ئېنىق ئەمەس. بىرىنچىسى، بەلكىم، ئەسىرلەرنىڭ تىزىملىكىنى تەييارلىغان؛ ئىككىنچىسى ئۆلجىنى خاتىرىلىۋالغان؛ ئۈچىنچىسى شەھەردىكى پاچاقلاش كېرەك بولغان ئىستىھكاملارنى خاتىرىلىۋالغان.

19:33 **«سەن ئاڭقىرالمايدىغان، بوغۇزىدا سۆزلەيدىغان، ... گېپىنى چۈشىنەلمەيدىغان بىر خەلقنى ئىككىنچى كۆرمەيسەن»** ــ بۇ ئايەت، شۈبھىسىزكى، زېمىنىنىڭ ياتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ياكى ئۇلار تەرىپىدىن خەلقنىڭ سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا چەتئەل تىلىدا سۆزلەيدىغان مۇھىت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشنى كۆرسىتىدۇ.

20 ئىبادەت ھېيتلىرىمىز ئۆتكۈزۈلىدىغان شەھەر زىئونغا قارا؛
سېنىڭ كۆزۈڭ يېرۇسالېمنىڭ تىنچ-ئامان ماكان بولغانلىقىنى،
قوزۇقلىرى ھەرگىز يۇلۇنمايدىغان،
تانىلىرى ھەرگىز ئۈزۈلمەيدىغان،
ئىككىنچى يۆتكەلمەيدىغان چېدىر بولغانلىقىنى كۆرىدۇ؛
21 شۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى بىزگە كۆرۈنىدۇ،
ئۇ ئۆزى دەريالار، كەڭ ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر جاي بولىدۇ؛
پالاقلار بىلەن ھەيدەلگەن ھېچقانداق كېمە ئۇ جايدا قاتنىمايدۇ،
ۋە ياكى ھېچ ھەيۋەتلىك كېمە ئۇ جايدىن ئۆتمەيدۇ؛
22 چۈنكى پەرۋەردىگار بىزنىڭ نىجاتكار-ھاكىمىمىز،
پەرۋەردىگار بىزگە قانۇن بەرگۈچىدۇر،
پەرۋەردىگار ــ بىزنىڭ پادىشاھىمىز،
ئۇ بىزنى قۇتقۇزىدۇ!
23 سېنىڭ تانا-ئارغامچىلىرىڭ بوشىغان بولسىمۇ،
ئىسرائىل يەلكەن خادىسىنىڭ تۈۋرۈكىنى مۇستەھكەم قىلالمىسىمۇ،
يەلكەننى يېيىپ چىقىرالمىسىمۇ،
ئۇ چاغدا زور بىر ئولجا ئۈلەشتۈرۈلىدۇ؛

---

**20:33** زەب. 5:46؛ 1:125، 2

21:33 **«شۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى بىزگە كۆرۈنىدۇ، ــ ئۇ ئۆزى دەريالار، كەڭ ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر جاي بولىدۇ؛ پالاقلار بىلەن ھەيدەلگەن ھېچقانداق كېمە ئۇ جايدا قاتنىمايدۇ، ۋە ياكى ھېچ ھەيۋەتلىك كېمە ئۇ جايدىن ئۆتمەيدۇ»** ــ بۇ سىرلىق گەپنىڭ مەنىسى، پەرىزىمىزچە: «پەرۋەردىگار زېمىنىمىزنى بەرىكەتلىك قىلغاندىن كېيىن ھېچقانداق نەرسىنى باشقا ئەللەردىن كىرگۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇڭلاشقا بىز كېمە ئېلىپ كەلگەن ھېچقانداق مەھسۇلاتلارغا موھتاج ئەمەسمىز؛ پەرۋەردىگار ئۆزى بىزگە ھەممىنى تەمىنلىگۈچىدۇر» دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن.

ھەتتا ئاقساق-توكۇرلارمۇ ئولجىنى ئالىدۇ.
[24] شۇ چاغدا شۇ يەردە تۇرغۇچى: «مەن كېسەل» دېمەيدۇ؛
شۇ جايىنى ماكان قىلغان خەلقنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى
## ئېدومنىڭ جازالىنىشلىرى

34 [1] يېقىن كېلىڭلار، ئى ئەللەر، ئاڭلاڭلار!
ئى قوۋم-خەلقلەر، قۇلاق سېلىڭلار!
يەر-زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار،
جىمى ئالەم ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان ھەممە مەۋجۇداتلار،
تىڭشاڭلار!
[2] چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەللەرگە قارىتا غەزىپى بار،
ئۇنىڭ دەرغەزىپى ئۇلارنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرىدۇ؛
ئۇ ئۇلارنى ھالاكەتكە پۈتۈپ قويغان،
ئۇلارنى قىرغىنچىلىققا تاپشۇرۇۋەتكەن؛
[3] ئۇلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر سىرتقا تاشلىۋېتىلىدۇ،
جەسەتلىرىدىن سېسىقچىلىق پۇرايدۇ،
تاغلار ئۇلارنىڭ قېنى بىلەن ئېرىتىلىدۇ؛

---

23:33 **«سېنىڭ تانا-ئارغامچىلىرىڭ بوشىغان بولسىمۇ، ئىسرائىل يەلكەن خادىسىنىڭ تۈۋرۈمىنى مۇستەھكەم قىلالمىسىمۇ، ... ئۇ چاغدا زور بىر ئولجا ئۈلەشتۈرۈلىدۇ؛ ھەتتا ئاقساق-توكۇرلارمۇ ئولجىنى ئالىدۇ»** — يەنە بىر سىرلىق گەپ! پەرىزىمىزچە، بۇ بىر ئوخشىتىش بولۇپ، ئىسرائىلنى بىر چوڭ كېمىگە ئوخشاتقان؛ كېمە بولسا بەك كونىراپ كەتكەن، ماڭالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان بولسا كېرەك. ھالبۇكى، بۇ خۇدانىڭ تەقدىم قىلماقچى بولغان بەرىكىتىگە ھېچقانداق توسالغۇ بولمىغان؛ ئولجا ھامان قولغا ئېلىنىدۇ، ھەتتا «ئاقساق-توكۇ» ۋە ئاجىز ئادەملەرمۇ بەخت-بەرىكەتكە ئېرىشىدۇ.
—بەزى ئالىملار كېمە توغرىسىدىكى سۆزلەرنى ئىسرائىلنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتىلغان، دەپ قارايدۇ
24:33 **«شۇ جايىنى ماكان قىلغان خەلقنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»** — سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا: — «شۇ جايىنى ماكان قىلغان خەلق گۇناھىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ»

4 ئاسمانلاردىكى جىمىكى جىسىم-قوشۇنلار چىرىپ يوق بولىدۇ،
ئاسمانلار يۆگىمە كىتابدەك تۈرۈلىدۇ؛
ئۈزۈم تېلىنىڭ يوپۇرماقلىرى خازان بولۇپ، سولىشىپ چۈشكەندەك،
يىگلەپ كەتكەن ئەنجۈر شېخىدىن چۈشكەندەك،
ئۇلارنىڭ جىمىكى جىسىم-قوشۇنلىرى يىقىلىدۇ؛
5 چۈنكى شەمشىرىم ئاسمانلاردا قان بىلەن سۇغۇرۇلدى؛
قاراڭلار، شەمشىرىم مېنىڭ هالاكەت لەنىتىمگە ئۇچرىغان خەلققە،
يەنى ئېدوم ئۈستىگە جازالاش ئۈچۈن چۈشىدۇ؛
6 پەرۋەردىگارنىڭ بىر شەمشىرى بار؛
ئۇ قانغا بويالدى؛
ئۇ ياغلىق نەرسىلەرنىڭ يېغى بىلەن،
ئۆچكە-قوزىلارنىڭ قېنى بىلەن،
قوچقار بۆرىكىنىڭ يېغى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلغان؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ بوزراھ شەھىرىدە بىر قۇربانلىقى،
ئېدومدا زور بىر قىرغىنچىلىقى بار.
7 مۈشۈ قىرغىنچىلىقلار بىلەن ياۋايى كالىلار،
تورپاقلار ۋە كۈچلۈك بۇقىلارمۇ يىقىلىدۇ.

---

**4:34** ۋەھ. 13:6، 14

**5:34 «... شەمشىرىم ئاسمانلاردا قان بىلەن سۇغۇرۇلدى؛ قاراڭلار، شەمشىرىم مېنىڭ هالاكەت لەنىتىمگە ئۇچرىغان خەلققە، يەنى ئېدوم ئۈستىگە جازالاش ئۈچۈن چۈشىدۇ؛»** — بۇ ئايەتكە قارىغاندا، خۇدانىڭ ئاخىرقى زاماندىكى جازالاشلىرى ئاسماندا باشلىنىپ، كېيىن يەر يۈزىگە چۈشىدۇ. 1-8-ئايەتلەرگە قارىغاندا، شۇ چاغدا نۇرغۇن ئەل-يۇرتلار ئېدومدا يىغىلىپ ئىسرائىلغا هۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ؛ بىراق خۇدا ئۇلارنى يوقىتىدۇ. ئېدوم دېگەن يۇرتنىڭ ئۆزى ئىسرائىلغا كۆپ يىل قىلغان رەھىمسىز زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

**6:34 «ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ شەمشىرى ياغلىق نەرسىلەرنىڭ يېغى بىلەن، ئۆچكە-قوزىلارنىڭ قېنى بىلەن، قوچقار بۆرىكىنىڭ يېغى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلغان»** — مۇشۇلار (ئۆچكە-قوزىلارنىڭ قېنى... بۆرەك يېغى قاتارلىقلار)نىڭ ھەممىسى قۇربانلىقلارنىڭ مۇھىم بۆلەكلىرى بولىدۇ. **«پەرۋەردىگارنىڭ بوزراھ شەھىرىدە بىر قۇربانلىقى... بار»** — بوزراھ شەھىرى ئېدومنىڭ پايتەختى (ھازىر «پېترا» دېيىلىدۇ). خەرىتىلەرنى كۆرۈڭ.

**6:34** يەش. 1:63، 2

**ئۇلارنىڭ زېمىنى قانغا چۆمۈلىدۇ،**
**توپا-چاڭلىرى ياغ بىلەن مايلىشىپ كېتىدۇ.**
**[8] چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ قىساس ئالىدىغان بىر كۈنى،**
**زىئون دەۋاسىدىكى ھېساب ئالىدىغان يىلى بار.**
**[9] ئېدومدىكى ئېقىنلار قارىمايغا،**
**ئۇنىڭ توپىلىرى گۈڭگۈرتكە ئايلاندۇرۇلىدۇ؛**
**زېمىنى بولسا كۆيۈۋاتقان قارىماي بولىدۇ.**
**[10] ئۇنىڭ ئوتى كېچە-كۈندۈز ئۆچۈرۈلمەيدۇ؛**
**ئىس-تۈتەكلىرى مەڭگۈگە ئۆرلەيدۇ؛**
**ئۇ دەۋردىن-دەۋرگىچە خارابىلىكتە تۇرىدۇ؛**
**ھېچكىم ئىككىنچى ئۇ يەرگە ئاياغ باسمايدۇ.**
**[11] چۆل ھۆۋقۇشى ۋە چىرقىرىغۇچى ھۆۋقۇشلار ئۇنى ئىگىلىۋالىدۇ؛**
**چوڭ ھۆۋقۇش ۋە قاغا-قۇزغۇنلار شۇ يەردە ئۇۋىلايدۇ؛**
**خۇدا ئۇنىڭغا «تەرتىپسىزلىك-بىمەنىلىكنى ئۆلچەيدىغان تانا»نى،**
**ۋە «قۇپ-قۇرۇقلۇقنى ئۆلچەيدىغان تىك ئۆلچىگۈچ»نى تارتىدۇ.**
**[12] بىرسى كېلىپ ئېدومنىڭ ئېسىلزادىلىرىنى پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلىشقا چاقىرسا،**
**ئۇلاردىن ھېچكىم بولمايدۇ؛**

---

**7:34 «كۆچلۈك بۇقىلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۆچلۈكلەر» دېيىلىدۇ. «ياۋايى كالىلار»، «تورپاقلار»، «كۆچلۈك بۇقىلار» مۇشۇ يەردە «كۆچلۈك، ھوقۇقلۇق بەگلەر»نىمۇ كۆرسەتسە كېرەك.
**8:34 «زىئون دەۋاسى»** ــ مۇشۇ «دەۋا»نىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى بار. كۆپ كىشىلەر «نېمىشقا خۇدا ئىسرائىلغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ؟» دەپ قاقشاپ، يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ كەلگەن. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرى خۇداغا كۆپ قېتىم ئاسىيلىق قىلغىنى بىلەن قانداقلا بولمىسۇن، خۇدانىڭ ئىبراھىمغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئۇلارنى «ئۆز خەلقىم» دەپ قارايدۇ. بۇ خۇدانىڭ تاللىشىدۇر؛ باشقىلار ئۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل توغرۇلۇق دەۋالاشماقچى بولسا ئۆزى يامان ئاقىۋەتنى كۆرىدۇ. گىتلېر گەۋدىلىك بىر مىسالدۇر.
**10:34** ۋەھ. 11:14؛ 3:19
**11:34 «چۆل ھۆۋقۇشى ... چىرقىرىغۇچى ھۆۋقۇشلار ...چوڭ ھۆۋقۇش... »** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى قۇش-ھايۋانلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى توپ-توغرا دېيىش تەس.
**11:34** يەش. 21،22:13؛ زەف. 14:2؛ ۋەھ. 2:18

ئۇنىڭ ئەمىرلىرى يوق قىلىۋېتىلگەن بولىدۇ.
13 ئوردىلىرىدا تىكەنلەر،
قەلئە-قورغانلىرىدا چاققاق-جىغانلار ئۆسۈپ چىقىدۇ؛
ئۇ چىلبۆرىلەرنىڭ ماكانى،
«ھۇۋقۇشلارنىڭ ئوردىسى» بولىدۇ.
14 شۇ يەردە چۆل-باياۋاندىكى جانىۋارلار، ياۋايى ئىتلار جەم بولىدۇ؛
ھەربىر «ئۆچكە جىن» ئۆز قېرىندىشىغا تووۋلايدۇ؛
تۈن مەخلۇقلىرى شۇ يەردە ماكانلىشىدۇ،
ئۇنى ئۆزىگە ئارامگاھ قىلىپ تۇرىدۇ.
15 «ئوق يىلان» شۇ يەردە ئۇۋۇلايدۇ،
ئۇنىڭ سايىسىدە تۇخۇملايدۇ،
باللىرىنى يىغىپ باقىدۇ.
قورۇلتاز-تاپقۇشلار ھەربىرى ئۆز جۈپى بىلەن شۇ يەردە توپلىنىدۇ؛
16 پەرۋەردىگارنىڭ يۆگىمە كىتابىدىن ئىزدەپ ئوقۇپ باقىن؛
ئۇلاردىن ھېچبىرى چۈشۈپ قالمايدۇ؛
ھېچقايسىسىنىڭ ئۆز جورىسى كەم بولمايدۇ؛
چۈنكى ئۆزىنىڭ ئاغزى ئۇلارغا بۇيرۇغان؛

---

12:34 **«بىرسى كېلىپ ئېدومنىڭ ئېسىلزادىلىرىنى پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلىشقا چاقىرسا، ئۇلاردىن ھېچكىم بولمايدۇ...»** ــ بۇنىڭ باشقا تەرجىمىلىرى بار، بىراق ئاساسىي مەنىسى: ــ «ئېدومدىكى پادىشاھلىقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئادەم يوق»تۇر. ئېدومدا ھېچكىم، ھەتتا ئەڭ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرمۇ قالمايدۇ.
14:34 **«تۈن مەخلۇقلىرى شۇ يەردە ماكانلىشىدۇ»** ــ ياكى: «تۈن (كېچە) ئالۋاستىسى شۇ يەردە ماكانلىشىدۇ».
15:34 **«ئوق يىلان»** ــ بۇنىڭمۇ قايسى ھايۋان ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

ئۇنىڭ ئۆز روھى ئۇلارنى توپلىغان.
17 چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆزى ئۇلار ئۈچۈن چەك تاشلاپ،
ئۆز قولى بىلەن زېمىنغا تانا تارتىپ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن؛
ئۇلار ئۇنىڭغا مەڭگۈگە ئىگىدارلىق قىلىدۇ،
دەۋردىن-دەۋرگىچە شۇ يەرنى ماكان قىلىدۇ.

## خۇدانىڭ چۆل-باياۋاننى گۈللەندۈرۈشى، شۇنداقلا ئۆز مۆمىن-بەندىلىرى ئۈچۈن ئاچقان يولى

35 1 — دالا ھەم قاغجىراپ كەتكەن جايلار ئۇلار ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ؛
چۆل-باياۋان شادلىنىپ زەپىراندەك چېچەكلەيدۇ؛
2 ئۇ بەرق ئۇرۇپ چېچەكلەيدۇ،
شادلىققا شادلىق قوشۇلۇپ تەنتەنە قىلىدۇ؛
لىۋاننىڭ شان-شەرىپى،
كارمەل ۋە شارونىڭكى گۈزەللىك ۋە سۈر ئۇنىڭغا بېرىلىدۇ؛

---

16:34 **«پەرۋەردىگارنىڭ يۆگىمە كىتابى»** — يۇقىرىدا يەشايا خۇدانىڭ پەرمانى بىلەن ئۆزى يازغان ماتېرىياللارنى يىغىپ تەۋرات-قانۇنلىرى بىلەن ساقلىتىپ قويغان (8-بابنى كۆرۈڭ). كېيىن ئۇ يەنە «يۆگىمە كىتاب»نى تىلغا ئالدى (29-بابنى كۆرۈڭ). «پەرۋەردىگارنىڭ يۆگىمە كىتابى» بەلكىم يەشايانىڭ ئۆزى يازغان ماتېرىياللىرى ۋە مۇسا، يەشۇئا، سامۇئىل، داۋۇت قاتارلىق پەيغەمبەرلەر خاتىرىلىۋالغان بارلىق ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ماتېرىياللار «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ باشلىنىشلىرى بولۇشى كېرەك؛ «پەرۋەردىگارنىڭ كىتابى»دا ھېچنەرسە كەم ئەمەس، بىزگە كېرەك بولغان ھەممە تەپسىلاتلار بار، ئۇنىڭدا ھەتتا قۇش-ھايۋانلارنىڭ خەۋىرىمۇ بار، دېگەنلىكتۇر. خۇدانىڭ قۇش-ھايۋانلارغا تەپسىلىي ھالدا مىراس قىلغان تەقسىماتى خاتىرىلەنگەن يەردە، ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن بېغىشلىماقچى بولغان مىراسلار مۇقەددەس كىتابتا تېخىمۇ ئېنىق خاتىرىلەكلىك بولمامدۇ؟ «مۇقەددەس كىتاب»تىن ئىزدەپ ئوقۇپ بېقىڭ»!
—**«ئۆزىنىڭ ئاغزى ئۇلارغا بۇيرۇغان»** — خۇدانىڭ ئاغزى بۇيرۇغان، ئەلۋەتتە.
1:35 **«دالا ... ئۇلار ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ»** — يەشايا دەسلەپتە «ئۇلار»نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دېمەيدۇ. بىلىش ئۈچۈن بېشارەتنى ئاخىرىغىچە (9-ئايەتكىچە) ئوقۇش كېرەك! (بۇ سۆزلەر «رىم.» 8:19-22 بىلەن مۇناسىۋەتلىك).

**ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپىنى،**
**خۇدايىمىزنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھەيۋىتىنى كۆرىدۇ.**
**3 ئاجىز قوللارنى كۈچلەندۈرۈڭلار،**
**ئېگىلىپ ماڭىدىغان تىزلارنى چىڭىتىڭلار،**
**4 يۈرىكى ئاغقانلارغا: ــ «چىڭ تۇرۇڭلار! قورقماڭلار!**
**مانا، خۇدايىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار؛**
**قىساس كېلىدۇ ــ خۇدانىڭ ھېساب ئېلىش كۈنى كېلىدۇ!**
**ئۇ ئۆزى كېلىدۇ، سىلەرنى قۇتقۇزىدۇ!» ــ دەڭ!**
**5 ئاندىن قارىغۇنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ،**
**گاسنىڭ قۇلاقلىرى ئوچۇق قىلىنىدۇ،**
**6 ئاندىن ئاقساق-توكۇرلار كېيىكتەك ئويناقلاپ سەكرەيدۇ؛**
**گاچىنىڭ تىلى ناخشا ئېيتىدۇ؛**
**چۈنكى دالادا سۇلار،**
**چۆل-باياۋانلاردا دەريا-ئېقىنلار ئۇرغۇپ تاشىدۇ؛**
**7 پىژغىرىن چۆل-جەزىرە كۆلچەككە،**
**چاڭقىغان يەرلەر بۇلاقلارغا ئايلىنىدۇ؛**
**چىلبۆرىلەرنىڭ ماكانى ــ ئۇلار ياتقان جاي،**
**قومۇش ۋە يېكەنلەر ئۆسۈپ، چىمەنلىككە ئايلىنىدۇ.**
**8 شۇ يەردە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بىر يول،**
**تۈپتۈز بىر يول بولىدۇ؛**
**ئۇ «پاك-مۇقەددەسلىكنىڭ يولى» دەپ ئاتىلىدۇ؛**
**ناپاكلار ئۇنىڭدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ،**

---

2:35 **«لىۋاننىڭ شان-شەرىپى، كارمەل ۋە شاروندىكى گۈزەللىك ۋە سۈر...»** ــ لىۋان، كارمەل ۋە شارونلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى يۇقىرىدا، 33-باب، 9-ئايەتتىكى ئىزاھاتتا تەسۋىرلىنىدۇ. **«ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپىنى... كۆرىدۇ»** ــ «ئۇلار» ــ 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

**3:35** ئىبر. 12:12

**5:35** مات. 9:27؛ 11:5؛ 12:22؛ 20:30؛ 21:14؛ يـۇھ. 9:6

**6:35** مات. 9:32؛ 11:5؛ 15:30؛ 21:14؛ يـۇھ. 5:8، 9؛ 7:38، 39؛ روس. 3:2؛ 8:7؛ 14:8

شۇ يول مەخسۇس شۇلار ئۈچۈن بېكىتىلىپ ياسالغانكى، ــ
ھەتتا نادانلارمۇ ئۇنىڭدا ئېزىپ كەتمەيدۇ؛
9 شۇ يەردە شىر بولمايدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچ يىرتقۇچ ھايۋان (ئۇلار شۇ يەردە ھېچ تېپىلمايدۇ)
نىجات ئارقىلىق ھۆرلۈككە چىققانلار شۇ يەردە ماڭىدۇ!
10 پەرۋەردىگارنىڭ بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزغانلىرى قايتىپ كېلىدۇ،
كۈيلەرنى ئېيتىپ زىئونغا يېتىپ كېلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ باشلىرىغا مەڭگۈلۈك شاد-خۇراملىق قونىدۇ؛
ئۇلار خۇشاللىق ۋە شادلىققا چۆمگەن بولىدۇ؛
قايغۇ-ھەسرەت ھەم ئۇھ-نادامەتلەر بەدەر قاچىدۇ.

## كىرىزىس ـ ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ بېسىپ كىرىشى

36 1 ھەزەكىيانىڭ ئون تۆتىنچى يىلى شۇنداق بولدىكى، ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب يەھۇدانىڭ بارلىق قەلئە-

**8:35 «شۇ يەردە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بىر يول، تۈپتۈز بىر يول بولىدۇ»** ــ يولنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى دېمەيدۇ؛ بىلىش ئۈچۈن 10-ئايەتكىچە ئوقۇش كېرەك.
**9:35 «نىجات ئارقىلىق ھۆرلۈككە چىققانلار»** ــ بولسا ئىبرانىي تىلىدا بىرلا سۆز («گائال») بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ سۆزنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن 14:41-ئايەتنىڭ ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.
**10:35 «پەرۋەردىگارنىڭ بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزغانلىرى قايتىپ كېلىدۇ... قايغۇ-ھەسرەت ھەم ئۇھ-نادامەتلەر بەدەر قاچىدۇ»** ــ بېشارەتتىكى ۋەقەلەر ئىسرائىلنىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق قۇتقۇزۇلغانلىقىغا ئوخشايدۇ؛ شۇنداقلا بۇ ئىشلارنى يېڭى بىر «مىسىردىن چىقىش» دېگىلى بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە تەۋراتتىكى «مىسىردىن چىقىش» دېگەن قىسمىنى ئوقۇسا، شۇ چاغدىكى ۋەقەلەرنى مۇشۇلار بىلەن تەپسىلىي ھالدا سېلىشتۇرۇش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.
—مۇشۇ «چىقىپ-قۇتقۇزۇش» بولسا «مىسىردىن چىقىش»تىن نەچچە ھەسسە ئۇلۇغ، نەچچە ھەسسە شەرەپلىك بولىدۇ. كېيىن كۆرىمىزكى، خۇدا قۇتقۇزغان خەلق پەقەت مىسىردىن ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيادىن چىقىپ قۇتقۇزۇلىدۇ. ئۇلار قورقۇنچلۇق دەشت-باياۋاندىن ئۆتۈشىنىڭ ئورنىدا، ئۆزلىرىنى قارشى ئالىدىغان، چىمەنباغقا ئايلاندۇرۇلغان زېمىندىن ئۆتىدۇ؛ يول ھەممە ئادەم ئۈچۈن تۈز، ئوڭۇشلۇق، راۋان ھەم خەتەرسىز بولىدۇ.
**10:35** ۋەھ. 4:21

**قورغانلىق شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئىشغال
قىلدى. [2] ئاندىن ئاسۇرىيە پادىشاھى «راب-شاكەھ» دېگەن سەردارنى
چوڭ بىر قوشۇن بىلەن لاقىش شەھىرىدىن يېرۇسالېمغا ئەۋەتتى. ئۇ
كىر يۇغۇچىلارنىڭ ئېتىزىنىڭ بويىدىكى يولدا، يۇقىرى كۆلچەكنىڭ
نورىنىڭ بېشىغا كېلىپ تۇردى.**
**[3] شۇنىڭ بىلەن ئوردىنى باشقۇرىدىغان ئىلىئاكىم، ئوردىنىڭ
دىۋانبېگى بولغان شەبنا ۋە ئاسافنىڭ ئوغلى، ئوردا مىرزىبېگى بولغان
يوئاھلار ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى [4-5] ۋە راب-شاكەھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ
سىلەر ھەزەكىياغا: ــ «ئۇلۇغ پادىشاھ، يەنى ئاسۇرىيە پادىشاھى ساڭا
مۇنداق دېدى، دەڭلار: ــ
«سېنىڭ مۇشۇ ئىشەنگەن تايانچىڭ زادى نېمىتى؟
سەن: (ئۇ پەقەت گەپلا، خالاس!) ــ
«ئۇرۇش قىلىش تەدبىر-مەسلىھەتىمىز ھەم كۈچىمىز بار» ــ دەيسەن؛
سەن زادى كىمگە تايىنىپ ماڭا قارشى ئۆكتە قوپىسەن؟ [6] مانا، سەن
يېرىقى بار ئاشۇ قومۇش ھاسا، يەنى مىسىرغا تايىنىسەن! بىرسى
ئۇنىڭغا يۆلەنسە، ئۇنىڭ قولىغا سانجىپ كىرىدۇ؛ مانا مىسىر
پادىشاھى پىرەۋنگە تايانغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ!
[7] ئەگەر سەن ماڭا: «بىز خۇدايىمىز بولغان پەرۋەردىگارغا تايىنىمىز»**

---

**1:36 «راب-شاكەھ»** ــ بەلكىم ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىنىڭ باش مەسلىھەتچىسىنىڭ ئادەتتىكى ئۇنۋانى بولۇشى مۇمكىن.

**1:36** 2پاد. 13:18؛ 2تار. 1:32

**2:36 «كىر يۇغۇچىلارنىڭ ئېتىزىنىڭ بويىدىكى يولدا، يۇقىرى كۆلچەكنىڭ نورىنىڭ بېشى»** ــ مۇشۇ جاي ئەسلىدە دەل يەشايا ئاھاز پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاسۇرىيەنىڭ تاجاۋۇزى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرغان جاي (7-بابنى كۆرۈڭ).

**5-4:36 «سەن: ئۇ پەقەت گەپلا، خالاس! ــــ «ئۇرۇش قىلىش تەدبىر-مەسلىھەتىمىز ھەم كۈچىمىز بار» ــــ دەيسەن؛ سەن زادى كىمگە تايىنىپ ماڭا قارشى ئۆكتە قوپىسەن؟»** ــ مۇشۇ گېپىگە قارىغاندا، ئاسۇرىيەدىكىلەرنىڭ يەشايانىڭ «پەقەت پەرۋەردىگارغا تايىنىشىمىز كېرەك» دېگەن بېشارەتلىرىدىن خەۋىرى بار ئىدى.

**6:36** ئەز. 6:29، 7

**ــ دېسەڭ، ھەزەكىيا ئۆزى يەھۇدادىكىلەرگە ۋە يېرۇسالېمدىكىلەرگە:**
**«سىلەر پەقەت يېرۇسالېمدىكى مۇشۇ ئىبادەتگاھ ئالدىدىلا**
**پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشىڭلار كېرەك» دەپ، شۇ پەرۋەردىگارغا**
**ئاتالغان «يۇقىرى جايلار»نى ھەم قۇربانگاھلارنى يوق قىلىۋەتتىغۇ؟**
**ئۇلار ئاشۇ پەرۋەردىگارنىڭ يۇقىرى جايلىرى ئەمەسمىدى؟**
**8 ئەمدى خوجام ئاسۇرىيە پادىشاھى بىلەن بىر توختامغا كەل: ــ «ئەگەر**
**سەندە ئاتقا مىنەلىگۇدەك ئەسكەرلىرىڭ بولسا، مەن ساڭا ئىككى**
**مىڭ ئاتنى بىكارغا بېرەي!» 9 سەندە ئۇنداقلار بولمىسا، خوجامنىڭ**
**ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان بىر لەشكەر بېشىنى قانداقمۇ**
**چېكىندۈرەلەيسىلەر؟! سەن جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلارنى ئېلىش**
**ئۈچۈن مىسىرغا تايىنىسەن تېخى!**
**10 مەن ئەمدى مۇشۇ زېمىننى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارسىز**
**كەلدىممۇ؟ پەرۋەردىگار دەرۋەقە ماڭا: «مۇشۇ زېمىننى ھالاك قىلىشقا**
**چىققىن!» ــ دېدى!»»**
**11 ئېلىئاكىم، شەبنا ۋە يوئاھ راب-شاكەھگە: ــ**
**«پېقىرلىرىغا ئارامىي تىلىدا سۆزلىسىلە؛ بىز بۇنى چۈشىنىمىز.**
**بىزگە ئىبرانىي تىلىدا سۆزلىمىسىلە، گەپلىرى سېپىلدا تۇرغانلارنىڭ**

---

7:36 **«ھەزەكىيا ...: «سىلەر پەقەت يېرۇسالېمدىكى مۇشۇ ئىبادەتگاھ ئالدىدىلا پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشىڭلار كېرەك» دەپ، شۇ پەرۋەردىگارغا ئاتالغان «يۇقىرى جايلار»نى ھەم قۇربانگاھلارنى يوق قىلىۋەتتىغۇ؟ ئۇلار ئاشۇ پەرۋەردىگارنىڭ يۇقىرى جايلىرى ئەمەسمىدى؟»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە ۋەھيى قىلىنغان قانۇنغا ئاساسەن، ئىسرائىللار پەقەت يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدىكى قۇربانگاھتىلا قۇربانلىق قىلىشقا بولاتتى. ئەسلىدە ھەزەكىيا مۇشۇ پەرمانغا ئاساسەن: (1) بۇتپەرەسلىك قىلىدىغان قۇربانگاھلارنى ھەم (2) خاتا يول بىلەن «پەرۋەردىگارغا ئاتاپ» قۇرۇلغان، ئىبادەت قىلىشقا بېغىشلانغان «يۇقىرى جايلار»نى يوقاتقان. راب-شاكەھ شۇ گەپ بىلەن ئۇنى ئاڭلىغۇچى ئىسرائىللارنى قايمۇقتۇرماقچى ئىدى، ئەلۋەتتە.

8:36 **«ئەگەر سەندە ئاتقا مىنەلىگۇدەك ئەسكەرلىرىڭ بولسا، مەن ساڭا ئىككى مىڭ ئاتنى بىكارغا بېرەي!»** ــ بۇ كىنايىلىك گەپ، ئەلۋەتتە. ئادەتتىكى چاغلاردا يەھۇدادا ئاتلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇرۇش ۋاقتىدا تېخىمۇ ئازلاپ كېتەتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەمەس، ھەتتا ئاددىي ئەسكەرلەرمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى.

**قۇلىقىغا كىرمىسۇن!» ــ دېدى.**
12 **بىراق راب-شاكەھ: ــ**
**«خوجام مېنى مۇشۇ گەپنى خوجاڭلارغا ۋە سىلەرگىلا ئېيتىشقا ئەۋەتكەنمۇ؟ مۇشۇ گەپنى سىلەر بىلەن بىرلىكتە سېپىلدا ئولتۇرغانلارغا دېيىشكە ئەۋەتكەن ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆز پوقىنى يېگۈچى ھەم ئۆز سۈيدۈكىنى ئىچكۈچى بولىدۇ!» ــ دېدى.**
13 **ئاندىن راب-شاكەھ ئىبرانىي تىلىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ــ «ئۇلۇغ پادىشاھ، يەنى ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قويۇڭلار!» ــ دەپ ۋارقىرىدى.**
14 **«پادىشاھ مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«ھەزەكىيا سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن! چۈنكى ئۇ سىلەرنى قۇتقۇزالمايدۇ.**
15 **ئۇنىڭ سىلەرنى: ــ «پەرۋەردىگار بىزنى جەزمەن قۇتقۇزىدۇ؛ مۇشۇ شەھەر ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ» دەپ پەرۋەردىگارغا تاياندۇرۇشىغا يول قويماڭلار!». 16 ھەزەكىياغا قۇلاق سالماڭلار؛ چۈنكى ئاسۇرىيە پادىشاھى مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«مەن بىلەن سۈلھىلىشىپ، مەن تەرەپكە ئۆتۈڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئۈزۈم بارىڭىدىن ھەم ئۆزۈڭلارنىڭ ئەنجۈر دەرىخىدىن مېۋە يەيسىلەر، ھەربىرىڭلار ئۆز سۇ كۆلچىكىڭلاردىن سۇ ئىچىسىلەر؛ 17 تا مەن كېلىپ سىلەرنى بۇغدايلىق ھەم شارابلىق بىر زېمىنغا، نېنى بار ھەم ئۈزۈمزارلىرى بار بىر زېمىنغا، ــ زېمىنىڭلارغا**

11:36 **«پېقىرلىرىغا ئارامىي تىلىدا سۆزلىسىلە»** ــ ھازىرقى سۇرىيەنىڭ كونا ئىسمى «ئارام» ئىدى. كونا زاماندا «سۇرىيە تىلى» «ئارامىي تىلى» دېيىلەتتى. ئاسۇرىيەمۇ ئارامىي تىلىنى ئىشلىتەتتى.

12:36 **«... ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆز پوقىنى يېگۈچى ھەم ئۆز سۈيدۈكىنى ئىچكۈچى بولىدۇ!»** ــ شەھەر مۇھاسىرىگە چۈشۈپ، ئاچارچىلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا قالغاندا ئادەملەر دەرۋەقە مۇشۇنداق قىلىشى مۇمكىن.

**12:36** 2پاد. 27:18

**ئوخشاش بىر زېمىنغا ئاپىرىپ قويغۇچە يەپ-ئىچىۋېرىڭلار!**
[18] ھەزەكىيانىڭ سىلەرگە: ــ «پەرۋەردىگار بىزنى قۇتقۇزىدۇ» دەپ
ئىشەندۈرۈشىگە يول قويماڭلار! ئەل-يۇرتلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرىنىڭ
بىرى ئۆز زېمىنىنى ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغانمۇ؟
[19] خامات ۋە ئارپاد دېگەن يۇرتلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرى قېنى؟ سەفاررۋائىم
شەھىرىنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرى قېنى؟ ئۇلار سامارىيەنى مېنىڭ
قولۇمدىن قۇتقۇزغانمۇ؟! [20] مۇشۇ ئەل-يۇرتلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرىدىن
ئۆز زېمىنىنى قۇتقۇزغان زادى كىم بار؟ شۇنداق ئىكەن، پەرۋەردىگار
يېرۇسالېمنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالامدۇ؟»»».
[21] ئاڭلىغۇچىلار سۈكۈت قىلىپ ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېچقانداق بىر سۆز
قىلمىدى؛ چۈنكى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى شۇكى: ــ
«ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەڭلار».
[22] ئاندىن ھىلقىيانىڭ ئوغلى، ئوردىنى باشقۇرىدىغان ئېلىئاكىم،
ئوردا كاتىپى شەبنا ۋە ئاسافنىڭ ئوغلى، ئوردا تەزكىرىچىسى يوئاھلار
كىيىم-كېچەكلىرىنى يىرتىشىپ، ھەزەكىيانىڭ يېنىغا كېلىپ، راب-
شاكەھنىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇردى.

## ھەزەكىيانىڭ دۇئا قىلىشى ـ پەرۋەردىگارنىڭ جاۋابى

2پاد. 19

37 [1] شۇنداق بولدىكى، ھەزەكىيا بۇنى ئاڭلىغاندا، كىيىم-
كېچەكلىرىنى يىرتىپ، ئۆزىنى بۆز بىلەن قاپلاپ
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىردى. [2] ئۇ ئوردىنى باشقۇرىدىغان ئېلىئاكىم،

17:36 **«مەن كېلىپ سىلەرنى بۇغدايلىق ھەم شارابلىق بىر زېمىنغا، ـــ زېمىنىڭلارغا ئوخشاش بىر زېمىنغا ئاپىرىپ قويغۇچە يەپ-ئىچىۋېرىڭلار!»** ــ مۇشۇ گەپلەر چىرايلىق بولغىنى بىلەن مەنىسى ئېنىقكى: ــ «مېنىڭ ئەسىرلىرىم، قۇللىرىم بولىسىلەر!» دېگەنلىك. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاسۇرىيە پادىشاھى ئۇچىغا چىققان ھىيلىگەر ئالدامچى ئىدى.
1:37 **«پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى»** ــ ئۇنىڭ (سۇلايمان پادىشاھ قۇرغان) ئىبادەتخانىسى.

ئوردا دىۋانبېگى شەبنا ۋە كاھىنلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى بۆز
يېپىنچاقلىغان پېتى ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەرگە ئەۋەتتى.
[3] ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ
«ھەزەكىيا مۇنداق دەيدۇ: ــ
«باللار تۇغۇلاي دەپ قالغاندا ئانىنىڭ تۇغقۇدەك ھالى قالمىغاندەك،
مۇشۇ كۈن كۈلپەت چۈشىدىغان، رەسۋا ۋە مازاق قىلىنىدىغان بىر
كۈندۇر. [4] ئۆز خوجىسى بولغان ئاسۇرىيە پادىشاھى تىرىك خۇدانى
مازاق قىلىشقا ئەۋەتكەن راب-شاكەھنىڭ گەپلىرىنى پەرۋەردىگار
خۇدايىڭ نەزىرىگە ئېلىپ ئاڭلىسا، بۇلارنى ئاڭلىغان پەرۋەردىگار
خۇدايىڭ شۇ گەپلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرەرمىكىن؟ شۇڭا
قېپ قالغان قالدىلار ئۈچۈن ئاۋازىڭنى كۆتۈرۈپ، بىر دۇئايىڭنى
بەرسەڭ»» ــ دېدى.
[5] شۇ گەپلەر بىلەن ھەزەكىيانىڭ خىزمەتكارلىرى يەشايانىڭ ئالدىغا
كەلدى. [6] يەشايا ئۇلارغا: ــ
«خوجايىنىڭلارغا: ــ «پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى: ــ
«ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ سەن ئاڭلىغان ئاشۇ ماڭا
كۇپۇرلۇق قىلغۇچى گەپلىرىدىن قورقما؛ [7] مانا، مەن ئۇنىڭغا بىر
روھنى كىرگۈزىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىغۋانى ئاڭلاپ، ئۆز يۇرتىغا
قايتىدۇ. ئۇ ئۆز زېمىنىدا تۇرغاندا ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرگۈزىمەن»
ــ دەڭلار» ــ دېدى.
[8] راب-شاكەھ كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ ماڭغاندا، ئاسۇرىيە

---

6:37 **«خوجايىنىڭلارغا: ــ «پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى: ــ «ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ سەن ئاڭلىغان ئاشۇ ماڭا كۇپۇرلۇق قىلغۇچى گەپلىرىدىن قورقما...» ــ** يەشايانىڭ مۇشۇ جاۋاب سۆزلىرىنى (6-7-ئايەتلەرنى) دىققەت بىلەن ئوقۇسىڭىز، ئۇ ھەزەكىيانىڭ تەلىپى بويىچە دۇئا قىلماي، بەلكى بىۋاستە خەۋەرچىلەرگە جاۋاب بەردى. چۈنكى ئۇ ئاللىبۇرۇن خەلققە ۋە ھەزەكىياغا ئاسۇرىيە توغرۇلۇق نۇرغۇن بېشارەتلەرنى قىلغان. خۇدا مۇشۇ پەيت-ئەھۋال توغرۇلۇق ئىسرائىلغا ئۇقتۇرغانىدى (مەسىلەن، 10-باب، 5-21-ئايەتلەرنى، 14-باب، 24-25-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ). بىراق ھەزەكىيا ۋە ئوردىسىدىكىلەر مۇشۇلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆرگەن كارامەت مۆجىزىلەرنى (كېيىنكى 38-بابنىمۇ كۆرۈڭ) پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

**پادىشاھىنىڭ لاقىش شەھىرىدىن چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى؛ ئاسۇرىيە پادىشاھى لىبناھ شەھىرىگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقانىدى. [9] ئاندىن پادىشاھ: «ئېفىئوپىيە پادىشاھى تىرھاكاھ سىزگە قارشى جەڭ قىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. شۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ئۇ يەنە ھەزەكىياغا ئەلچىلەرنى مۇنداق خەت بىلەن ئەۋەتتى: ــ**

**[10] «سىلەر يەھۇدا پادىشاھى ھەزەكىياغا مۇنداق دەڭلار: ــ**

**«سەن تايىنىدىغان خۇدايىڭنىڭ ساڭا: «يېرۇسالېم ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلمايدۇ» دېگىنىگە ئالدانما؛ [11] مانا، سەن ئاسۇرىيە پادىشاھلىرىنىڭ ھەممە ئەل-يۇرتلارنى نېمە قىلغانلىرىنى، ئۇلارنى ئىلاھ-بۇتلىرىغا ئاتاپ ھالاك قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانسەن؛ ئەمدى ئۆزۈڭ قانداقمۇ قۇتقۇزۇلىسەن؟ [12] ئاتا-بوۋىلىرىم ھالاك قىلغان ئەللەرنى بولسا، ئۇلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرى قۇتقۇزغانمۇ؟ گوزان، ھاران، رەزەف شەھىرىدىكىلەرنىچۇ؟ تېلاسساردا تۇرغان ئېدەنلەرنىچۇ؟ [13] خامات پادىشاھى، ئارپاد پادىشاھى، سەفارۋائىم، خېنا ھەم ئىۋۋاھ شەھەرلىرىنىڭ پادىشاھلىرى قېنى؟»».**

**[14] ھەزەكىيا خەتنى ئەلچىلەرنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى. ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا خەتنى يېيىپ قويدى. [15] ھەزەكىيا پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ**

---

9:37 **«ئېفىئوپىيە پادىشاھى تىرھاكاھ سىزگە قارشى جەڭ قىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتى»** ــ بۇ ئىش ئەمەلىيەت ئەمەس، ھەمدە شۇ چاغدا مۇمكىن بولمىغانىدى. بىراق خۇدا ئۆزى ئەۋەتكۈزگەن «ئالدامچى روھ»نىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنى ئىشەندۈرگەن.

11:37 **«ئۇلارنى ئىلاھ-بۇتلىرىغا ئاتاپ ھالاك قىلغانلىقى ئاڭلىغانسەن»** ــ «ئىلاھ-بۇتلىرىغا ئاتاپ ھالاك قىلىش» دېگەن سۆز، ئىبرانىي تىلىدا پەقەت بىر سۆز بىلەنلا، يەنى ««ھارام» قىلىش» ياكى ««ھەرەم» قىلىش» بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

13:37 **«گوزان، ھاران، رەزەف شەھىرى.. تېلاسسار... خامات... ئارپاد ...، سەفارۋائىم، خېنا ھەم ئىۋۋاھ...»** ــ (12-13-ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن) مۇشۇ شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى خەرىتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ، بەزىلىرى بىزگە بۈگۈنگە قەدەر نامەلۇم.

**16 «ئى كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا تۇرغان، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى**
**بولغان پەرۋەردىگار، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى: ــ**
**سەن ئۆزۈڭدۇرسەن، جاھاندىكى بارلىق ئەل-يۇرتلارنىڭ ئۈستىدىكى**
**خۇدا پەقەت ئۆزۈڭدۇرسەن؛ ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچىسەن. 17 ئى**
**پەرۋەردىگار، قۇلىقىڭنى تۆۋەن قىلىپ ئاڭلىغايسەن؛ كۆزۈڭنى**
**ئاچقايسەن، ئى پەرۋەردىگار، كۆرگەيسەن؛ سەنناخېرىبنىڭ ئادەم**
**ئەۋەتىپ مەڭگۈ ھايات خۇدانى ھاقارەتلەپ ئېيتقان ھەممە گەپلىرىنى**
**ئاڭلىغايسەن! 18 ئى پەرۋەردىگار، ئاسۇرىيە پادىشاھلىرى ھەقىقەتەن**
**ھەممە يۇرتلارنى ۋە شۇلارغا بېقىندى بولغان يۇرتلارنىمۇ خارابە قىلى**
**پ، 19 ئۇلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرىنى ئوتقا تاشلىۋەتكەن؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ**
**ئىلاھلىرى ئىلاھ ئەمەس، بەلكى ئىنسان قولى بىلەن ياسالغانلار،**
**ياغاچ ۋە تاش، خالاس؛ شۇڭا ئاسۇرىيەلىكلەر ئۇلارنى ھالاك قىلدى.**
**20 ئەمدى، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، جاھاندىكى بارلىق ئەل-يۇرتلارغا**
**سېنىڭ، پەقەت سېنىڭلا پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرۈش**
**ئۈچۈن، بىزنى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغايسەن!».**

**16:37 «ئى كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا تۇرغان... پەرۋەردىگار»** ــ مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى ئەڭ ئىچكىرى ئۆي، يەنى «ئەڭ مۇقەددەس جاي» دېگەن ئۆيدە، خۇدانىڭ «رەھىم كۆرسىتىدىغان ئورۇن-تەختى» («كەفارەت تەختى») («رەھىمگاھ») بار ئىدى. مۇشۇ ئورۇندا خۇدا ئىسرائىلنىڭ ئالاھىدە قۇربانلىقلىرىنىڭ قانلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. ئورۇننىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ھەربىرىدە ئالتۇندىن ياسالغان، تەختكە قارىتىلغان بىردىن «كېرۇب» بار ئىدى. مۇسانىڭ دەۋرىدىن ئەزاكىيال پەيغەمبەر دەۋرىگىچە خۇدانىڭ پارلاق شان-شەرىپى سىرلىق ھالدا «كەفارەت تەختى»نىڭ ئۈستىدە، يەنى «كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا» تۇراتتى.
—كېرۇبلار بولسا ئىنتايىن كۈچلۈك بىرخىل پەرىشتىلەر بولۇپ، خۇدانىڭ چىقارغان ھۆكۈم-جازالىرىنى بېجىرىدۇ. «كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدا تۇرغان» دېگىنى، «سەن بىزگە يېقىنلاشقان ھەم بىزگە رەھىم كۆرسەتمەكچى بولغان خۇداسەن» دېگەنلىكتۇر.
**18:37 «شۇلارغا بېقىندى بولغان يۇرتلار..»** ــ ئىبرانىي تىلىدا سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا «بېقىندى» دېگەن سۆز يوق. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «شۇلارغا ئائىت». بىز شەرھلەش ئۈچۈن «بېقىندى» قوشتۇق.

21 شۇنىڭ بىلەن ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا ھەزەكىياغا سۆز ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى: ــ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«سەن ماڭا ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب توغرۇلۇق دۇئا قىلىشىڭ بىلەن،
22 پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا دېگەن سۆزى شۇدۇركى: ــ
«پاك قىز، يەنى زىئوننىڭ قىزى سېنى كەمسىتىدۇ،
سېنى مازاق قىلىپ كۈلىدۇ؛
يېرۇسالېمنىڭ قىزى كەينىڭگە قاراپ بېشىنى چايقايدۇ؛
23 سەن كىمنى مازاق قىلىپ كۇپۇرلۇق قىلدىڭ؟
سەن كىمگە قارشى ئاۋازىڭنى كۆتۈرۈپ،
نەزىرىڭنى ئۇستۈن قىلدىڭ؟
ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىغا قارشى!
24 قۇللىرىڭ ئارقىلىق سەن رەبنى مازاق قىلىپ: ــ
«مەن نۇرغۇنلىغان جەڭ ھارۋىلىرىم بىلەن تاغ چوققىلىرىغا،
لىۋان تاغ باغىرلىرىغا يېتىپ كەلدىمكى،
ئۇنىڭ ئېگىز كېدىر دەرەخلىرىنى، ئېسىل قارىغايلىرىنى كېسىۋېتىمەن؛
مەن ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكىگە يامىشىپ چىقىپ،
ئۇنىڭ ئەڭ بۈك-باراقسان ئورمانزارلىقىغا كىرىپ يېتىمەن.
25 ئۆزۈم قۇدۇق كولاپ سۇ ئىچتىم؛
پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىلا مەن مىسىرنىڭ بارلىق دەريا-ئۆستەڭلىرىنى

---

23:37 **«كۇپۇرلۇق»** ــ كىم ئۆزىنى خۇدانىڭ ئورنىدا قويۇپ، «ھەممە ئىشنى قىلالايمەن» دېسە، كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ، شۇنداقلا ھامان بىر كۈنى يىقىتىلىدۇ.

24:37 **«ئۇنىڭ ئەڭ بۈك-باراقسان ئورمانزارلىقى»** ــ بۇ ئايەتتىكى «بۈك-باراقسان» دېگەن سۆز ئىبرانيي تىلىدا «كارمەل» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. كارمەل بولسا ئىسرائىلنىڭ ئەڭ مۇنبەت ۋە چىرايلىق جايى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ «ئۇنىڭ «كارمەل» ئورمانزارلىقىغا كىرىمەن» دېگىنى «ئۇنىڭ (لىۋاننىڭ) ئەڭ چىرايلىق جايىغا (ھېچ توسالغۇسىز) بارىمەن» دېگەندەك پو ئاتىدىغان مەنىنى ئىپادىلەيتتى؛ چۈنكى لىۋاندا «كارمەل» دېگەن جاي يوق.

**قۇرۇتۇۋەتتىم ــ دېدىڭ.**
**26 ــ سەن شۇنى ئاڭلاپ باقمىغانمىدىڭ؟**
**ئۆزۈندىن بۇيان مەن شۇنى بېكىتكەنمەنكى،**
**قەدىمدىن تارتىپ شەكىللەندۈرگەنمەنكى،**
**هازىر ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇردۇمكى،**
**مانا، سەن قەلئە-قورغانلىق شەھەرلەرنى خارابىلەرگە ئايلاندۇردۇڭ؛**
**27 شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلار كۈچسىزلىنىپ،**
**يەرگە قارىتىپ قويۇلدى، شەرمەندە قىلىندى؛**
**ئۇلار ئېتىزدىكى ئوتتەك،**
**يۇمران كۆك چۆپلەردەك،**
**ئۆگزىدىكى ئوت-چۆپلەر ئۆسمەي قۇرۇپ كەتكەندەك بولدى.**
**28 بىراق سېنىڭ ئولتۇرغىنىڭنى، ئورنۇڭدىن تۇرغىنىڭنى، چىقىپ-كىرگىنىڭنى ۋە ماڭا قارشى غالجىرلىشىپ كەتكىنىڭنى بىلىمەن؛**
**29 ماڭا قارشى غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىڭنىڭ، هاكاۋۇرلىشىپ كەتكەنلىكىڭنىڭ قۇلىقىمغا يەتكىنى تۈپەيلىدىن،**
**مەن قارمىقىمنى بۇرنىڭدىن ئۆتكۈزىمەن،**
**يۈگىنىمنى ئاغزىڭغا سالىمەن،**
**ئۆزۈڭ كەلگەن يول بىلەن سېنى قايتۇرىمەن.**

---

25:37 **«...پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىلا مەن مىسىرنىڭ بارلىق دەريا-ئۆستەڭلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتىم»** ــ يۇقىرىقى 24-ئايەتتە پادىشاھ ئۆزىنىڭ تەس ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى، مەسىلەن، لىۋان رايونىدىكى ئەڭ يۇقىرى تاغلارغا چىقالايدىغانلىقىنى (كۆچمە مەنىسى، بەلكىم ئالىيجاناپ، كۈچلۈك پادىشاھلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ)، ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. مۇشۇ 25-ئايەتتىكى «پۇتۇم... قۇرۇتۇۋەتتىم» دېگىنى، دېھقانىنىڭ پۇتى بىلەنلا تۇپىنى ئىتتىرىپ ئېرىقنى توسۇپ، سۇنى قۇرۇتۇۋېتىشىگە ئوخشاش «مەن خالىسام، ھەممىنى قىلالايمەن» دېگەن مەنىدە. «مەن خالىسام، ھەتتا نىل دەرياسىنىمۇ قۇرۇتۇۋېتەلەيمەن» دېگەن مەنەمەنلىكنى بىلدۈرمەكچى
27:37 **«ئۆگزىدىكى ئوت-چۆپلەر...»** ــ بۇ ئىبارىنىڭ باشقا خىل تەرجىمىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.
29:37 **«مەن قارمىقىمنى بۇرنىڭدىن ئۆتكۈزىمەن، يۈگىنىمنى ئاغزىڭغا سالىمەن...»** ــ ئاسۇرىيە پادىشاھلىرى مۇشۇنداق رەھىمسىز يول بىلەن ئەسىرلەرنى يالاپ ماڭاتتى.

**[30] ئى ھەزەكىيا، شۇ ئىش ساڭا ئالامەت بېشارەت بولىدۇكى، ــ**
**مۇشۇ يىلى ئۆزلۈكىدىن ئۆسكەن،**
**ئىككىنچى يىلى شۇلاردىن چىققانلارمۇ رىزقىڭلار بولىدۇ؛**
**ئۈچىنچى يىلى بولسا تېرىيسىلەر، ئورىسىلەر، ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى تىكىسىلەر؛**
**ئۇلاردىن چىققان مېۋىلەرنى يەيسىلەر.**
**[31] يەھۇدا جەمەتىدىكى قۇتۇلغان قالدىسى بولسا يەنە تۆۋەنگە قاراپ يىلتىز تارتىدۇ، يۇقىرىغا قاراپ مېۋە بېرىدۇ؛**
**[32] چۈنكى يېرۇسالېمدىن بىر قالدىسى،**
**زىئون تېغىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلار چىقىدۇ؛**
**ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى مۇشۇنى ئادا قىلىدۇ.**
**[33] شۇڭا پەرۋەردىگار ئاسۇرىيە پادىشاھى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**ئۇ نە مۇشۇ شەھەرگە يېتىپ كەلمەيدۇ،**
**نە ئۇنىڭغا بىر تال ئوقمۇ ئاتمايدۇ؛**
**نە قالقاننى كۆتۈرۈپ ئالدىغا كەلمەيدۇ،**
**نە ئۇنىڭغا قارىتا قاشالارنىمۇ ياسىمايدۇ.**
**[34] ئۇ قايسى يول بىلەن كەلگەن بولسا،**

30:37 **«ئى ھەزەكىيا، شۇ ئىش ساڭا ئالامەت بېشارەت بولىدۇكى، ــ مۇشۇ يىلى ئۆزلۈكىدىن ئۆسكەن، ئىككىنچى يىلى شۇلاردىن چىققانلارمۇ رىزقىڭلار بولىدۇ؛ ئۈچىنچى يىلى بولسا تېرىيسىلەر، ئورىسىلەر، ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى تىكىسىلەر؛ ئۇلاردىن چىققان مېۋىلەرنى يەيسىلەر»** ــ مۇشۇ مۆجىزە ئىشەنچ-ئېتىقادنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەم خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلگەن. ئۇرۇش ۋاقتىدا تېرىقچىلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ ئاسۇرىيە قوشۇنى كەتكەندىن كېيىنكى يىلدىمۇ، بەلكىم قوشۇندىن قالغان قىسىملىرى يەنىلا پاراكەندىچىلىك قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مۆجىزە ئۈچىنچى يىلغىچە سوزۇلىدۇ.
—«ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى تىكىسىلەر... مېۋىسىنى يەيسىلەر» دېگەن ۋەدە، تىنچلىق مەزگىلىنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (ئۈزۈم تاللىرىنى ئۆستۈرۈشكە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، ئەلۋەتتە).
—كىشىلەرنىڭ ئاسۇرىيە قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز چېكىنىشىنى «تاسادىپىيلىقتىن» دېيەلمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىككىنچى مۆجىزە بېرىلدى. شۇنداقتىمۇ، تەۋراتتىكى «پادىشاھلار» دېگەن قىسىمغا قارىغاندا، خەلقلەر يەنىلا ئىككى مۆجىزىنى تېزلا ئۇنتۇپ خۇداغا ۋاپاسىزلىق قىلىۋەردى.

شۇ يول بىلەن قايتىدۇ ۋە مۇشۇ شەھەرگە كەلمەيدۇ، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار.
[35] ــ چۈنكى ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە مېنىڭ قۇلۇم داۋۇت ئۈچۈن بۇ شەھەرنى
ئەتراپىدىكى سېپىلدەك قوغداپ قۇتقۇزىمەن».
[36] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى چىقىپ،
ئاسۇرىيەلىكلەرنىڭ بارگاھىدا بىر يۈز سەكسەن بەش مىڭ ئەسكەرنى
ئۆردى. مانا، كىشىلەر ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ
ھەممىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆردى! [37] شۇڭا ئاسۇرىيە پادىشاھى
سەنناخېرىب چېكىنىپ، يولغا چىقىپ، نىنەۋە شەھىرىگە قايتىپ
تۇردى. [38] شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئۆز بۇتى نىسروقنىڭ بۇتخانىسىدا
ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋاتقاندا، ئوغۇللىرى ئادراممەلەك ھەم شارئېزەر ئۇنى
قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ ئاندىن ئۇلار ئارارات دېگەن يۇرتقا قېچىپ
كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئېسارھاددون ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## «يەشايا»نىڭ ئىككىنچى قىسمى
## ھەزەكىيانىڭ ئېغىر كېسىلگە گىرىپتار بولۇشى ۋە دۇئاسى

38 [1] شۇ كۈنلەردە ھەزەكىيا ئەجەل كەلتۈرگۈچى بىر كېسەلگە
مۇپتىلا بولدى. ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر ئۇنىڭ
قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: ــ
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ئۆيۈڭ توغرۇلۇق ۋەسىيەت قىلغىن؛ چۈنكى ئەجەل كەلدى،

35:37 2پاد. 6:20

36:37 **«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»** ــ تەۋرات دەۋرىدە ئىنتايىن ئالاھىدە شەخس ئىدى.
بەزى ئىشلاردا ئۇ خۇدانىڭ ئورنىدا كۆرۈنەتتى (مەسىلەن، «يار.» 18-بابنى كۆرۈڭ).

36:37 2پاد. 35:19

38:37 **«ئۇ ئۆز بۇتى نىسروقنىڭ بۇتخانىسىدا ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋاتقاندا، ئوغۇللىرى ئادراممەلەك ھەم شارئېزەر ئۇنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى»** ــ مۇشۇ ۋەقە، سەنناخېرىب ئىسرائىلدىن چېكىنىشتىن 20 يىل كېيىن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 681-يىلى) بولدى.

**ياشىمايسەن، ــ دېدى.**
**[2] ھەزەكىيا يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ:**
**[3] ــ ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ ئالدىڭدا ھەقىقەت ۋە پاك دىل بىلەن مېڭىپ يۈرگەنلىكىمنى، نەزىرىڭ ئالدىڭدا دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى ئەسلەپ قويغايسەن، ــ دېدى.**
**ۋە ھەزەكىيا يىغلاپ ئېقىپ كەتتى.**
**[4] ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەشاياغا يېتىپ مۇنداق دېگەندە: ــ**
**[5] بېرىپ ھەزەكىياغا مۇنداق دېگىن: ــ**
**پەرۋەردىگار، ئاتاڭ داۋۇتنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم، كۆز ياشلىرىڭنى كۆردۈم؛ مانا، كۈنلىرىڭگە يەنە ئون بەش يىل قوشىمەن؛ [6] شۇنىڭ بىلەن مەن سېنى ۋە بۇ شەھەرنى ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىمەن؛ مەن سېپىل بولۇپ بۇ شەھەرنى قوغدايمەن.**
**[7] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى ئېيتقان ئىشنى جەزمەن قىلىدىغانلىقىنى ساڭا ئىسپاتلاش ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن مۇنداق بېشارەتلىك ئالامەت بولىدۇكى، [8] مانا، مەن قۇياشنىڭ ئاھاز پادىشاھ قۇرغان پەلەمپەيﯪ ئۈستىگە چۈشكەن سايىسىنى ئون قەدەم كەينىگە ياندۇرىمەن». شۇنىڭ بىلەن قۇياشنىڭ چۈشكەن سايىسى ئون باسقۇچ كەينىگە ياندى.**

---

1:38 **«شۇ كۈنلەردە ھەزەكىيا ئەجەل كەلتۈرگۈچى بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولدى»** ــ بۇ سۆزلەر بىلەن «يەشايا» دېگەن كىتابنىڭ «ئىككىنچى قىسمى» باشلىنىدۇ. كىرىش سۆزىمىزنى كۆرۈڭ.
5:38 **«ئاتاڭ داۋۇت»** ــ ھەزەكىيا داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئون ئۈچىنچى ئەۋلادى ئىدى.
8:38 **«...شۇنىڭ بىلەن قۇياشنىڭ چۈشكەن سايىسى ئون باسقۇچ كەينىگە ياندى»** ــ مېروداق-بالادان (1:39) ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 702-يىلى غۇلىتىلدى. مۇشۇ ئىشمۇ شۇ يىلدا بولغان بولۇشى كېرەك.
—دېمەك، مۇشۇ ئىككى ۋەقە (ھەزەكىيانىڭ كېسەلدىن ساقايتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى رىغبەتلەندۈرۈشكە بېرىلگەن كارامەت مۆجىزە) ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى تاجاۋۇزچىلىق قىلىشتىن **ئىلگىرى**، بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 703- ياكى 702-يىلى يۈز بەرگەن (39-بابتىكى ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ).
**8:38** 2پاد. 20:7-9

## ھەزەكىيانىڭ ئۆز كېسىلى توغرۇلۇق خاتىرىلىرى

[9] يەھۇدا پادىشاھى ھەزەكىيا كېسەل بولۇپ، ئاندىن كېسىلىدىن ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن مۇنداق خاتىرىلەرنى يازدى:
[10] — «مەن: «ئۆمرۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەھتىسارانىڭ دەرۋازىلىرىغا بېرىۋاتىمەن،
قالغان يىللىرىمدىن مەھرۇم بولدۇم» — دېدىم.
[11] مەن: — «تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا تۇرۇپ خۇدايىم ياھنى، ياھنى كۆرەلمەيدىغان،
شۇنداقلا «ھەممە نەرسە يوق بولغان» جايدا تۇرغانلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئىنسانىنمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم» — دېدىم.
[12] مېنىڭ تۇرالغۇم چارۋىچىنىڭ چېدىرىدەك ئۆزۈمدىن يۆتكىلىپ كەتتى؛
مەن باپكار ئۆز توقۇغىنىنى تۈرۈۋەتكىنىدەك ھاياتىمنى تۈرىۋەتتىم؛
ئۇ مېنى توقۇش دەستىگاھىدىن كېسىۋەتتى؛
تاڭ بىلەن كەچ ئارىلىقىدا سەن خۇدا جېنىمنى ئالىسەن؛
[13] تاڭ ئاتقۇچە مەن كۈتۈپ، ئۆزۈمنى تىنچلاندۇرۇپ يۈرىمەن،
بىراق ئۇ شىرغا ئوخشاش ھەممە سۆڭەكلىرىمنى سۇندۇرغاندەك قىلىدۇ؛
تاڭ بىلەن كەچ ئارىلىقىدا سەن خۇدا جېنىمنى ئالىسەن.
[14] مەن قارلىغاچ ياكى تۇرنىدەك ۋىچىرلاپ يۈرىمەن؛
پاختەكتەك ئاھ-ئۇھ ئۇرىمەن؛
كۆزلىرىم يۇقىرىغا قاراش بىلەن ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ؛

---

11:38 **«ياھنى، ياھنى كۆرەلمەيدىغان»** — «ياھ» دېگەن «ياھۋەھ» دېگەننىڭ قىسقا شەكلى، دېمەك پەرۋەردىگارنىڭ نامىنىڭ بىرخىل قىسقارتىلىپ ئېيتىلىشى. **«ياھنى، ياھنى كۆرەلمەيدىغان، شۇنداقلا «ھەممە نەرسە يوق بولغان» جايدا تۇرغانلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئىنسانىنمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم» — دېدىم»** — ھەزەكىيا: — «تەھتىسارادا بولغاندا، خۇدانى ياكى ئادەمنى كۆرەلىگىلى مۇمكىن» دېمەكچى ئەمەس؛ تەكىتلەيدىغان ئىش تىرىك تۇرۇپ كۆرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇشتۇر. تەھتىسارانىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن بىز 14-بابتا ئازراق مەلۇمات ئالالايمىز.

ئى رەب، مېنى زۇلۇم باستى! جېنىمغا كېپىل بولغىن!
[15] نېمە دېسەم بولار؟ چۈنكى ئۇ ماڭا سۆز قىلدى ۋە ئۆزى مۇشۇ ئىشنى قىلدى!
جېنىم تارتقان ئازاب تۈپەيلىدىن مەن بار يىللىرىمدا قەدەملىرىمنى ساناپ بېسىپ ئاۋايلاپ ماڭىمەن.
[16] ئى رەب، ئادەملەر مۇشۇنداق ساۋاقلار بىلەن ياشىشى كېرەك؛
روھىم مۇشۇ ساۋاقلاردىن ھاياتىنى تاپىدۇ؛
سەن مېنى ئەسلىمگە كەلتۈرۈپ، مېنى ھايات قىلدىڭ!
[17] مانا، ئۆزۈمنىڭ بەخت-تىنچلىقىم ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب تارتتىم؛
ماڭا بولغان سۆيگۈڭ تۈپەيلىدىن جېنىمنى ھالاكەت ھاڭىدىن چىقاردىڭسەن؛
سەن ھەممە گۇناھلىرىمنى كەينىڭگە چۆرۈۋەتتىڭسەن.
[18] چۈنكى تەھتىسارا ساڭا رەھمەت ئېيتالمايدۇ؛
ئۆلۈم سېنى مەدھىيىلىيەلمەيدۇ؛
ھاڭغا چۈشۈۋاتقانلار سېنىڭ ھەقىقەت-ۋاپالىقىڭغا ئۈمىد باغلىيالمايدۇ.
[19] ئۆزۈم بۈگۈن قىلغىنىمدەك ساڭا رەھمەت ئېيتىدىغانلار تىرىكلەر، تىرىكلەردۇر؛
ئاتا بولغۇچى ئوغۇللىرىغا ھەقىقەت-ۋاپالىقىڭنى بىلدۈرىدۇ.
[20] پەرۋەردىگار مېنى قۇتقۇزۇشقا نىيەت باغلىغاندۇر؛
بىز بولساق، قالغان ئۆمرىمىزدە ھەر كۈنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ساز

14:38 **يەش.** 11:59

چېلىپ مەدھىيە ناخشىلىرىمنى ئېيتىمىز!».
[21] (يەشايا بولسا: ــ «ئەنجۈر پوشكىلى تەييارلاپ، يارىسىغا چاپلاڭلار،
ئۇ ئەسلىگە كېلىدۇ»، دېگەنىدى [22] ۋە ھەزەكىيا: ــ «مېنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە چىقىدىغانلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان
قانداق بېشارەتلىك ئالامەت بېرىلىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى).

## بابىل پادىشاھىدىن كەلگەن ئەلچىلەر چوڭ بىر خاتالىق

39 [1] شۇ پەيتتە بالاداننىڭ ئوغلى بابىل پادىشاھى مېروداق-
بالادان ھەزەكىيانىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ھەم
ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا، ھەزەكىياغا خەتلەرنى ھەدىيە
بىلەن ئەۋەتتى.
[2] ھەزەكىيا ئەلچىلەرنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈپ، ئۇنىڭ خەزىنە-
ئامبارلىرىدا ساقلانغان نەرسىلىرىنى كۆرسەتتى؛ يەنى كۈمۈشنى،

---

**20:38 «بىز بولساق، قالغان ئۆمرىمىزدە ھەر كۈنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ساز چېلىپ مەدھىيە ناخشىلىرىمنى ئېيتىمىز!»** ــ خۇدانى مەدھىيىلەيدىغان بۇ ياخشى سۆزلەرنى قىلغىنى بىلەن، ھەزەكىيا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىككى كارامەت ئىشنى (ئۆزىنىڭ ساقايتىلىشى ۋە 7-ئايەتتىكى مۆجىزىنى) ئېسىدە چىڭ ساقلىغان ئەمەس. يۇقىرىقى بابلاردا دېگەندەك، ئاسۇرىيە قوشۇنلىرى بېسىپ كىرگەندە، ئۇ خۇدانىڭ 6-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ، ھودۇقۇپ كەتتى. تۆۋەندىكى 39-بابتىكى ۋەقەدىمۇ ئۇ «قەدەملىرىمنى ساناپ ماڭىمەن» دېگەن ئۆز ۋەدىسىنى ئۇنتۇيدۇ.
**21:38** 2پاد. 7:20
**1:39 «شۇ پەيتتە بالادانىنىڭ ئوغلى بابىل پادىشاھى مېروداق-بالادان ھەزەكىيانىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ... ئاڭلىغاچقا، ھەزەكىياغا خەتلەرنى ھەدىيە بىلەن ئەۋەتتى»** ــ مېروداق-بالادان ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىب تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 702-يىلى غۇلىتىلدى. مۇشۇ ئىشمۇ شۇ يىلدا بولغان بولۇشى كېرەك.
—دېمەك، 38-، 39-بابتا تەسۋىرلەنگەن ئىشلار 36- ۋە 37-بابتا تەسۋىرلەنگەن ئىشلاردىن **ئىلگىرى** يۈز بەرگەن. ئەمدى نېمىشقا ئۇلاردىن كېيىن خاتىرىلەنگەن؟
—بىلىمىزكى، «يەشايا» (دېگەن كىتاب)نىڭ 40-66-بابلىرىدىكى خەۋەر-بېشارەتلەر، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، كېيىنكى «بابىل ئىمپېرىيەسىگە ئەسىر بولۇپ چۈشكەنلەر»گە، يەنى سۈرگۈن بولغان ئىسرائىللارغا، يەنى ئۇلارنىڭ «قالدىسى» بولغان ئەۋلادلىرىغا قارىتىلىدۇ. ئۇنداقتا 39-باب مۇشۇ ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئالتۇننى، دورا-دەرمانلارنى، سەرخىل مايلارنى، ساۋۇت-قوراللارنى ساقلايدىغان ئۆيىنىڭ ھەممىسىنى ۋە بايلىقلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى؛ ئۇنىڭ ئوردىسى ۋە ياكى پۈتكۈل پادىشاھلىقى ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ھەزەكىيا ئۇلارغا كۆرسەتمىگەن بىرىمۇ قالمىدى.
[3] ئاندىن يەشايا پەيغەمبەر ھەزەكىيانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن: — «مۇشۇ كىشىلەر نېمە دېدى؟ ئۇلار سېنى يوقلاشقا نەدىن كەلگەن؟» — دەپ سورىدى.
ھەزەكىيا: — «ئۇلار يىراق بىر يۇرتتىن، يەنى بابىلدىن كەلگەن»، دېدى.
[4] يەشايا يەنە: — «ئۇلار ئورداڭدا نېمىنى كۆردى؟» دەپ سورىدى.
ھەزەكىيا: — «ئوردامدا بار نەرسىلەرنى ئۇلار كۆردى؛ بايلىقلىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارغا كۆرسەتمىگەن بىرىمۇ قالمىدى» — دېدى.
[5] يەشايا ھەزەكىياغا مۇنداق دېدى: —
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قويغىن: —
[6] — مانا شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ئورداڭدا بار نەرسىلەر ۋە بۈگۈنگە قەدەر ئاتا-بوۋىلىرىڭ توپلاپ، ساقلاپ قويغان ھەممە نەرسە بابىلغا ئېلىپ كېتىلىدۇ؛ ھېچنەرسە قالمايدۇ — دەيدۇ پەرۋەردىگار، [7] — ھەمدە بابىللىقلار ئوغۇللىرىڭنى، يەنى ئۆزۈڭدىن بولغان ئەۋلادلىرىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بابىل پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا

**ئاغۋات بولىدۇ.**

**8 شۇنىڭ بىلەن ھەزەكىيا ئۆز-ئۆزىگە: «ئۆز كۈنلىرىمدە بولسا ئامان-تىنچلىق، خۇدانىڭ ھەقىقەت-ۋاپالىقى بولىدىكەنغۇ» دەپ، يەشاياغا: — «سىز ئېيتقان پەرۋەردىگارنىڭ مۇشۇ سۆزى ياخشى ئىكەن» — دېدى.**

## ئىسرائىلغا بېرىلگەن تەسەللى؛ دۇنياغا ئېلىپ كېلىنگەن ئۈمىد-تەسەللى

**40 1 خەلقىمگە تەسەللى بېرىڭلار، تەسەللى بېرىڭلار، دەيدۇ خۇدايىڭلار؛**

**2 يېرۇسالېمنىڭ قەلبىگە سۆز قىلىپ ئۇنىڭغا جاكارلاڭلاركى، ئۇنىڭ جەبىر-جاپالىق ۋاقتى ئاخىرلاشتى،**

---

**7:39 «...ھەممە بابىللىقلار ئوغۇللىرىڭنى، يەنى ئۆزۈڭدىن بولغان ئەۋلادلىرىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بابىل پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا ئاغۋات بولىدۇ»** — كۆرۈنۈشتە ئاددىي كۆرۈنگەن مۇشۇ ۋەقە ئۈچۈن نېمىشقا مۇشۇ قاتتىق جازالىق سۆز (6-7-ئايەتلەر) چىقىدۇ؟ پىكرىمىزچە، ئۈچ سەۋەبى بار: —

—(1) ھەزەكىيا خۇداغا: «قەدەملىرىمنى ساناپ ماڭىمەن» دېگەن ۋەدىنى بەرگەنىدى، لېكىن بۇ قېتىم خۇدادىن ھېچ سورىماي شۇنداق قىلغان؛

—(2) ئەلچىلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئۇ بەلكىم: «ھازىر مەن «جاھانغا داڭقى چىققان ئادەممەن»، «كىچىك دۆلىتىمىزنىڭ جاھاندا ئورنى بار» دەپ تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

—(3) مۇشۇلاردىن سىرت، بىلىشىمىزچە مېروداق-بالادان ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە قارشى بىر ئىتتىپاقنى بەرپا قىلماقچى. ئۇ «تەكەللۇپ كۆرسىتىدىغان» مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەزەكىيانى ئىتتىپاققا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان. ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغانلىقىنى، قوياشنىڭ نۇرىنىڭ «كەينىگە يانغانلىقى»دەك ئىنتايىن كارامەت مۆجىزىنى كۆرگەن، خۇدانىڭ «مەن سىلەرنى ئاسۇرىيەدىن قۇتقۇزىمەن» دېگەن ۋەدىسىنى ئاڭلىغان ھەزەكىيا قانداقمۇ خۇداسىز بىر ئەل-يۇرت بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى بولغاندۇ؟

—«ئاغۋات» — پىچۇۋېتىلگەن ئادەم، 56-باب، 4-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**8:39 «...«سىز ئېيتقان پەرۋەردىگارنىڭ مۇشۇ سۆزى ياخشى ئىكەن»»** — مۇشۇ ئايەتتە ھەزەكىيانىڭ ئۆز-ئۆزىگە دېگەنلىرى باشقىلارغا، ھەتتا ئۆز جەمەتىگە بولغان بىرخىل بىغەم، كۆيۈمسىز پوزىتسىيەنى بىلدۈرىدۇ. يەشايا دېگەن بېشارەت ئەمەلىيەتتە يۈز يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان؛ ۋاقتىنىڭ سوزۇلۇشى بولسا بەلكىم يەھۇدانىڭ كېيىنكى بىر پادىشاھى (يوسىيا)نىڭ قاتتىق توۋا قىلىشى تۈپەيلىدىن بولدى.

**ئۇنىڭ قەبىھلىكى كەچۈرۈم قىلىندى؛**
**چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىن بارلىق گۇناھلىرىنىڭ ئورنىغا**
**ئىككى ھەسسىلەپ مېھىر-شەپقەتنى ئالدى.**
**[3] ئاۋازلار، دالادا بىرسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنى!**
**«پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تەييارلاڭلار،**

---

**2:40 «يېرۇسالېمنىڭ قەلبىگە سۆز قىلىپ ئۇنىڭغا جاكارلاڭلاركى،....»** ــ مەزكۇر خەۋەرنى كىمنىڭ جاكارلىشى كېرەكلىكى ئېيتىلمىدى. بەلكىم مۇشۇ سۆز خۇدانىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە قارىتىلىدۇ. كىرىش سۆزىمىزدە دېيىلگىنىدەك، كىتابنىڭ قالغان قىسمىلىرى (40-66-بابلار) يەشايانىڭ ئۆمرىدىن كېيىنكى بىر دەۋردىكى ئىسرائىللار، يەنى پالاندى بولىدىغان بىر دەۋرگە ياكى دەۋرلەرگە قارىتىلىدۇ؛ سۈرگۈن قىلغۇچى بابىل ئىمپېرىيەسى بولغىنى بىلەن، كۆرۈپ تۇرىمىزكى، «يەشايا»نىڭ بىرىنچى قىسمىدىكىدەك، ئىككىنچى قىسمىدىكى بەزى بېشارەتلەرمۇ ئاخىرقى زامانلارنى كۆرسىتىدۇ. **«بارلىق گۇناھلىرىنىڭ ئورنىغا ئىككى ھەسسىلەپ مېھىر-شەپقەتنى ئالدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «گۇناھلىرى ئۈچۈن ئىككە ھەسسىلەپ ئالدى» دېيىلىدۇ. شەرھچىلەرنىڭ «ئىككى ھەسسىلەپ» دېگەن مۇشۇ ئىبارە ئۈستىدە بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۈچ خىل كۆزقارىشى بار: ــ

—(1) ئىسرائىل گۇناھلىرى ئۈچۈن ئىككى ھەسسە جازا ئالدى. ئىسرائىل خۇدانىڭ «تۇنجى ئوغلى» بولۇپ، باشقا ئەل-مىللەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىككى ھەسسە بەرىكەت ئالىدۇ. ئۇ «تۇنجى ئوغلى» بولۇپ، يەنە باشقا ئەل-مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا قوبۇل قىلغان ۋەھىي-خەۋىرىمۇ كۆپ. شۇڭا بۇلارنى باشقا ئەللەرگە يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىمۇ كۆپ؛ گۇناھى بار بولسا باشقا ئەل-مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا «ئىككى ھەسسە» ئارتۇق جازالىنىشى كېرەك. بىراق بۇ بېشارەتكە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ جازالىنىش مەزگىلى ئاخىرلاشتى.

—(2) «ئىككى ھەسسىلەپ»نىڭ مەنىسى «دەل گۇناھىغا ماس كېلىدىغان جازا» دېگەنلىكتۇر.

—(3) خۇدا ئىسرائىلغا زور مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، يەنى گۇناھىنىڭ ئورنىغا «ئىككى ھەسسىلەپ» مېھىر-شەپقەتنى يەتكۈزىدۇ. بىزنىڭ پىكرىمىز ئەينى شۇنداق (61-باب، 7-ئايەتنى كۆرۈڭ). ئۇنداقتا «ئىككى ھەسسىلەپ» بولسا ھەم كەچۈرۈم قىلىنىش ھەم خۇدانىڭ روھىنى، يېڭى ھاياتنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر (مەسىلەن، 43-باب، 25-ئايەتتىن 44-باب، 5-ئايەتكىچە، ھەم 61-باب، 7-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). مۇنداق زور مېھىر-شەپقەتنىڭ كېلىپ-چىقىش سىرلىرى 53-بابتا ئاشكارىلىنىدۇ.

—مۇشۇ ئۈچ خىل كۆزقاراشنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمىي مەنىسى شۇكى، خۇدا ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلماقچى ھەم ئۇلارغا مېھرىبانلىقىنى كۆرسەتمەكچى.

**چۆل-باياۋاندا خۇدايىمىز ئۈچۈن بىر يولنى كۆتۈرۈپ تۈپتۈز قىلىڭلار!**
**4 بارلىق جىلغىلار كۆتۈرۈلىدۇ،**
**بارلىق تاغ-دۆڭلەر پەس قىلىنىدۇ؛**
**ئەگرى-توقايلار تۈزلىنىدۇ،**
**ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەرلەر تەكشىلىنىدۇ.**
**5 پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى كۆرۈنىدۇ،**
**ۋە بارلىق تەن ئىگىلىرى ئۇنى تەڭ كۆرىدۇ؛**
**چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز ئاغزى شۇنداق سۆز قىلغان!».**
**6 ــ ئاڭلاڭلار، بىر ئاۋاز «جاكارلا» دەيدۇ؛**
**جاكارلىغۇچى بولسا مۇنداق سوراپ: ــ «مەن نېمىنى جاكارلايمەن؟» ــ دېدى.**
**جاۋاب بولسا: ــ «بارلىق تەن ئىگىلىرى ئوت-چۆپتۇر، خالاس؛**
**ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ۋاپالىقى دالادىكى گۈلگە ئوخشاش؛**
**7 ئوت-چۆپ سولىشىدۇ، گۈل خازان بولىدۇ،**
**چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇستىگە پۈۋلەيدۇ؛**
**بەرھەق، بارلىق خەلقمۇ ئوت-چۆپتۇر!**
**8 ئوت-چۆپ سولىشىدۇ، گۈل خازان بولىدۇ؛**

---

3:40 **«ئاڭلاڭلار، دالادا بىرسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنى! «پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تەييارلاڭلار، چۆل-باياۋاندا خۇدايىمىز ئۈچۈن بىر يولنى كۆتۈرۈپ تۈپتۈز قىلىڭلار!»** ــ مۇشۇ نامسىز زاتنىڭ ئاۋازى ئېيتقان يول يۇقىرىقى 35-بابتىكى يول ئەمەس؛ ئاشۇ يول زىئونغا قايتقانلار ئۈچۈن تەييارلانغان. مۇشۇ يولنى بولسا، **خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ** كېلىشىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن (سۆيۈملۈك بىر پادىشاھ قارشى ئېلىنغاندەك) **ئادەملەر** تەييارلىشى كېرەك.
—نامسىز زاتنىڭ ئاۋازىنىڭ بىر ئىپادىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىنجىل، «لۇقا» 3-باب 1-6-ئايەتنى، «يۇھ.» 23:1نى كۆرۈڭ. شۇ يەرلەردە «نامسىز زات»نىڭ دەل چۈمۈلدۈرگۈچى يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

**3:40** مات. 3:3؛ مار. 3:1؛ لۇقا 4:3؛ يـۇھ. 23:1

**5:40** يـۇھ. 14:1

**6:40** ئايۇپ 2:14؛ زەب. 5:90، 6؛ 11:102؛ 103:15-16؛ ياق. 10:1؛ 1پېت. 24:1

7:40 **«بەرھەق، بارلىق خەلقمۇ ئوت-چۆپتۇر»** ــ مۇشۇ يەردە «خەلق» ئىسرائىل خەلقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىراق خۇدايىمىزنىڭ كالام-سۆزى مەڭگۈگە تۇرىدۇ!»
9 ــ ئى زىئونغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى، يۇقىرى بىر تاغقا چىققىن؛
يېرۇسالېمغا خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلگۈچى،
ئاۋازىڭنى كۈچەپ كۆتۈرگىن!
ئۇنى كۆتۈرگىن، قورقمىغىن!
يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىگە: ــ «مانا، خۇدايىڭلارغا قاراڭلار» دېگىن!
10 مانا، رەب پەرۋەردىگار كۈچ-قۇدرىتىدە كېلىۋاتىدۇ،
ئۇنىڭ بىلىكى ئۆزى ئۈچۈن ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ؛
مانا، ئۇنىڭ ئالغان مۇكاپاتى ئۆزى بىلەن بىللە،
ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنئامى ئۆزىگە ھەمراھ بولىدۇ.
11 قويچىدەك ئۇ ئۆز پادىسىنى باقىدۇ؛
ئۇ قوزىلارنى بىلەك-قولىغا يىغىدۇ، ئۇلارنى قۇچاقلاپ ماڭىدۇ،
ئېمىتكۈچىلەرنى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن يېتەكلەيدۇ.

## ئىسرائىلنىڭ تەڭداشسىز خۇداسى

12 كىم دەريا-ئوكيانلارنىڭ سۇلىرىنى ئوچۇمىدا ئۆلچەپ بەلگىلىگەن،
ئاسمانلارنى غېرىچلاپ بېكىتكەن،
جاھاننىڭ توپا-چاڭلىرىنى مىسقاللاپ سالغان،

---

8:40 **«ئوت-چۆپ سولىشىدۇ، گۈل خازان بولىدۇ؛ بىراق خۇدايىمىزنىڭ كالام-سۆزى مەڭگۈگە تۇرىدۇ!»** ــ شەرھىمىز بويىچە، 3-5-ئايەتتىكى ئاۋاز چوقۇملۇق يەھيا پەيغەمبەرنىڭكى، 6-ئايەتتىكى بىرىنچى نامسىز زاتنىڭ ئاۋازى خۇدانىڭكى؛ ئىككىنچى نامسىز زاتنىڭ سەل ئۈمىدسىزلەن ھالەتتە سوئال سورىغان ئاۋازى يەنىلا يەھيا پەيغەمبەرنىڭكى. باشقىلار ئىككىنچى ئاۋازنى يەشايانىڭكى ياكى نامسىز بىر پەيغەمبەرنىڭكى، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى ئاۋازنىڭ دېگەن گەپلىرى 7-ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇدا ئۇنىڭغا 8-ئايەتتە «ئۈمىدسىزلەنمە» دېگەن مەنىدە جاۋاب بېرىدۇ ھەم 9-ئايەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىسرائىلغا زور ئۈمىد يەتكۈزىدۇ.

**8:40** 1پېت. 25:1

10:40 **«پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى»** ــ تولۇق مەنىسى كېيىنكى بابلاردا، بولۇپمۇ 53:1دە ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇ بولسا «پەرۋەردىگارنىڭ ھەققانىي قولى»نىڭ باشقا بىر نامىدۇر.

**10:40** يەش. 11:62

**11:40** يەش. 10:49؛ ئەز. 23:34، 24؛ مك. 14:7؛ يـۇھ. 11:10

تاغلارنى تارازىدا تارازىلاپ،
دۆڭلەرنى جىڭدا تارتىپ ئورناتقان؟
13 كىم پەرۋەردىگارنىڭ روھىغا يولىيورۇق بەرگەن؟
كىم ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولۇپ ئۆگەتكەن؟
14 ئۇ كىم بىلەن مەسلىھەتلەشكەن،
كىم ئۇنى ئەقىللىق قىلىپ تەربىيىلىگەن؟
ئۇنىڭغا ھۆكۈم-ھەقىقەت چىقىرىش يولىدا كىم يېتەكلىگەن،
ياكى ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگەتكەن،
ياكى ئۇنىڭغا يورۇتۇلۇش يولىنى كىم كۆرسەتكەن؟
15 مانا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەل-يۇرتلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن چېلەكتە قالغان
بىر تامچا سۇدەك،
تارازىدا قالغان توپا-چاڭدەك ھېسابلىنىدۇ؛
مانا، ئۇ ئاراللارنى زەررىچە نەرسىدەك قولىغا ئالىدۇ؛
16 پۈتكۈل لىۋان بولسا قۇربانگاھ ئوتىغا،
ئۇنىڭ ھايۋانلىرى بولسا بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىققا يەتمەيدۇ.
17 ئەل-يۇرتلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەستۇر؛
ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇلار يوقنىڭ ئارىلىقىدا،
قۇرۇق-مەنىسىز دەپ ھېسابلىنىدۇ.
18 ئەمدى سىلەر تەڭرىنى كىمگە ئوخشاتماقچىسىلەر؟
ئۇنى نېمىگە ئوخشىتىپ سېلىشتۇرىسىلەر؟
19 بىر بۇتقىمۇ؟! ئۇنى ھۈنەرۋەن قېلىپقا قۇيۇپ ياسايدۇ؛
زەرگەر ئۇنىڭغا ئالتۇن ھەل بېرىدۇ،

**13:40** رىم. 34:11؛ 1كور. 16:2

**16:40 «پۈتكۈل لىۋان بولسا قۇربانگاھ ئوتىغا، ئۇنىڭ ھايۋانلىرى بولسا بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىققا يەتمەيدۇ»** — لىۋان ئورمانلىق كۆپ رايون. دېمەك، خۇداغا ھەقىقىي لايىق ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن لىۋاندىكى بارلىق دەرەخلەر قۇربانگاھقا كېرەك بولىدىغان ئوتقا يېتىشمەيدۇ؛ ئۇنىڭدىكى بارلىق كالا-قويلارمۇ قۇربانلىق بولۇشقا يېتىشمەيدۇ.

**17:40** دان. 32:4

**18:40** يەش. 5:46؛ روس. 29:17

ئۇنىڭغا كۈمۈش زەنجىرلەرنى سوقۇپ ياسايدۇ.
[20] يوقسۇللارنىڭ بېغىشلىغۇدەك ئۇنداق ھەدىيىلىرى بولمىسا،
چىرىمەيدىغان بىر دەرەخنى تاللايدۇ؛
ئۇ لىڭشىپ قالمىغۇدەك بىر بۇتنى ئويۇپ ياساشقا ئۇستا بىر ھۈنەرۋەن
ئىزدەپ چاقىرىدۇ.
[21] سىلەر بىلمەمسىلەر؟ سىلەر ئاڭلاپ باقمىغانمۇسىلەر؟ سىلەرگە
ئەزەلدىن ئېيتىلمىغانمىدۇ؟ يەر-زېمىن ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ
چۈشەنمەيۋاتامسىلەر؟
[22] ئۇ يەر-زېمىننىڭ چەمبىرىكىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ،
ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلار ئۇنىڭ ئالدىدا چاقچىقىرلاردەك تۇرىدۇ؛
ئۇ ئاسمانلارنى پەردىدەك تارتىدۇ،
ئۇلارنى خۇددى ماكان قىلىدىغان چېدىردەك يايىدۇ؛
[23] ئۇ ئەمىرلەرنى يوققا چىقىرىدۇ؛
جاھاندىكى سوتچى-بەگلەرنى ئارتۇقچە قىلىدۇ.
[24] ئۇلار تىكىلدىمۇ؟ ئۇلار تېرىلدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ غولى يىلتىز تارتتىمۇ؟
بىراق ئۇ ئۇستىگىلا پۈۋلەپ، ئۇلار سولىشىپ كېتىدۇ،
قۇيۇن ئۇلارنى توپاندەك ئېلىپ تاشلايدۇ.
[25] ئەمدى مېنى كىمگە ئوخشاتماقچىسىلەر؟
ماڭا كىم تەڭداش بولالىسۇن؟» ــ دەيدۇ مۇقەددەس بولغۇچى.
[26] كۆزلىرىڭلارنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، قاراڭلار!
مۇشۇ مەۋجۇداتلارنى كىم ياراتقاندۇ؟
ئۇلارنى كىم تۈركۈم-تۈركۈم قوشۇنلار قىلىپ تەرتىپلىك ئەپچىقىدۇ؟
ئۇ ھەممىسىنى نامى بىلەن بىر-بىرلەپ چاقىرىدۇ؛
ئۇنىڭ كۈچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، قۇدرىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن،
ئۇلاردىن بىرىمۇ كەم قالمايدۇ.

---

**22:40** **«چاقچىقىر»** ــ كىچىك بىر خىل چېكەتكە.

**22:40** ئايۇپ 8:9؛ زەب. 2:104؛ يەش. 24:44

**23:40** ئايۇپ 21:12؛ زەب. 40:107

27 ــ نېمىشقا شۇنى دەۋېرىسەن، ئى ياقۇپ؟
نېمىشقا مۇنداق سۆزلەۋېرىسەن، ئى ئىسرائىل: ــ
«مېنىڭ يولۇم پەرۋەردىگاردىن يوشۇرۇندۇر،
خۇدايىم مېنىڭ دەۋايىمغا ئېرەن قىلماي ئۆتۈۋېرىدۇ!»؟
28 سىلەر بىلمىگەنمۇسىلەر؟ ئاڭلاپ باقمىغانمۇسىلەر؟
پەرۋەردىگار ــ ئەبەدىلئەبەدلىك خۇدا،
جاھاننىڭ قەرىلىرىنى ياراتقۇچىدۇر!
ئۇ يا هالسىزلانمايدۇ، يا چارچىمايدۇ؛
ئۇنىڭ ئوي-بىلىمىنىڭ تېگىگە ھەرگىز يەتكىلى بولمايدۇ.
29 ئۇ ھالىدىن كەتكەنلەرگە قۇدرەت بېرىدۇ؛
ماغدۇرسىزلارغا ئۇ بەرداشلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.
30 ھەتتا يىگىتلەر ھالىدىن كېتىپ چارچاپ كەتسىمۇ،
باتۇرلار بولسا پۈتلىشىپ يىقىلسىمۇ،
31 بىراق پەرۋەردىگارغا تەلمۈرۈپ كۈتكەنلەرنىڭ كۈچى يېڭىلىنىدۇ؛
ئۇلار بۈركۈتلەردەك قانات كېرىپ ئۆرلەيدۇ؛
ئۇلار يۈگۈرۈپ، چارچىمايدۇ؛
يولدا مېڭىپ، ھالىدىن كەتمەيدۇ!

## خۇدانىڭ ئەل-مىللەتلەرگە بەرگەن تەكلىپى

41 1 ــ «ئى ئاراللار، سۈكۈت قىلىپ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىڭلار؛
خەلقلەرمۇ كۈچىنى يېڭىلىسۇن!
ئۇلار يېقىن كەلسۇن، سۆز قىلسۇن؛
توغرا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۆزئارا يېقىنلىشايلى!»

## ئەللەرنىڭ مەسلىسى ـ بۇتپەرەسلىكتۇر
## خۇدا ئۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بەرگەن بىر بېشارەت

2 «كىم شەرقتىكى بىرسىنى ئويغىتىپ،
ئۇنى ھەققانىيلىق بىلەن ئۆز خىزمىتىگە چاقىردى؟
ئۇ ئەللەرنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردى،
ئۇنى پادىشاھلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدۇردى؛
ئۇلارنى ئۇنىڭ قىلىچىغا تاپشۇرۇپ توپا-چاڭغا ئايلاندۇردى،
ئۇلارنى ئۇنىڭ ئوقياسى ئالدىدا شامال ئۇچۇرغان پاخال-توپاندەك قىلدى.
3 ئۇ ئۇلارنى قوغلىۋېتىپ،
پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي دېگۈدەك ماڭىدۇ، ئامان-ئېسەنلىك ئىچىدە ئۆتۈۋېرىدۇ؛
4 ئەلمىساقتىن تارتىپ دەۋرلەرنى «بارلىققا كەل» دەپ چاقىرىپ،
بۇلارنى بېكىتىپ ئادا قىلغان كىم؟
مەن پەرۋەردىگار ئاۋۋال بولغۇچىدۇرمەن،
ئاخىرى بولغانلار بىلەنمۇ بىللە بولغۇچىدۇرمەن؛

---

2:41 **«...ئۇنى ھەققانىيلىق بىلەن ئۆز خىزمىتىگە چاقىردى؟»** ـــ سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا: ـــ «ھەققانىيلىقنىڭ ئۆزى، (يەنى خۇدا) بۇ كىشىنى ئۆز پۇتى ئالدىغا چاقىردى؟».

3:41 **«ئۇ ئۇلارنى قوغلىۋېتىپ، پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي دېگۈدەك ماڭىدۇ، ئامان-ئېسەنلىك ئىچىدە ئۆتۈۋېرىدۇ»** ـــ يەشايا پەيغەمبەر بېشارەت قىلغان مۇشۇ نامسىز تاجاۋۇزچىنىڭ ئىسمى كېيىنرەك چىقىدۇ. مۇشۇ يەردە كۆرىمىزكى، (1) ئۇ قىلىدىغان ئۇرۇشلار بەك ئوڭۇشلۇق بولىدۇ؛ (2) ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولىدۇ؛ (3) ئۇنىڭ قىلىدىغان ئۇرۇشلىرى باشقا ئەللەرنى ھودۇقتۇرۇپ پاتىپاراق قىلىۋېتىدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ ئامان-ئېسەنلىك ئىچىدە، مېڭىپ باقمىغان يول بىلەن كېلىدۇ».

مەن دېگەن «ئۇ»دۇرمەن.
[5] ئاراللار شۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قورقىشىدۇ؛
جاھاننىڭ چەت-چېتىدىكىلەر تىترەپ كېتىدۇ؛
ئۇلار بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپ، ئالدىغا كېلىدۇ؛
[6] ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز قوشنىسىغا ياردەم قىلىپ،
ئۆز قېرىندىشىغا: «يۈرەكلىك بول!» ــ دەيدۇ.
[7] شۇنىڭ بىلەن نەققاشچى زەرگەرنى رىغبەتلەندۇرىدۇ،
مېتالنى ياپىلاقلاپ بولقا ئويناتقۇچى سەندەلنى بازغان بىلەن سوققۇچىنى رىغبەتلەندۇرۇپ: «كەپشەرلىگىنى ياخشى!» دەيدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇنى لىڭشىپ قالمىسۇن دەپ بۇتنىڭ پۇتىنى مىخلار بىلەن بېكىتىدۇ.

## خۇدانىڭ ئىسرائىلغا ئىلھام بېرىشى

[8] بىراق سەن، ئى قۇلۇم ئىسرائىل،
ئى ئۆزۈم تاللىغان ياقۇپ،
ئىبراھىم مېنىڭ دوستۇمنىڭ ئەۋلادى: ــ

---

4:41 **«بارلىققا كەل»** ــ ياكى «يېنىمغا كەل». **«ئەلمىساقتىن تارتىپ دەۋرلەرنى «بارلىققا كەل» دەپ چاقىرىپ، بۇلارنى بېكىتىپ ئادا قىلغان كىم؟»** ــ بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم شۇكى، خۇدا ئالدىنئالا (پەيغەمبەر ئارقىلىق) ئېيتقان ئىشلار يۈز بەرگىنىدە، ئەللەر بېشارەتلەرنىڭ توغرا چىقىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار خۇدانىڭ ئۇلارنى گۇناھلىرىنى تاشلاپ، ئۆزىگە يېقىن كېلىپ كەچۈرۈمگە ئېرىشىشكە چاقىرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. **«ئاخىرى بولغانلار»** ــ دۇنيادا ئەڭ ئاخىرى هاتات بولغان ئىنسانلارنى كۆرسەتسە كېرەك. **«مەن دېگەن «ئۇ»دۇرمەن»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۇ» خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**4:41** يەش. 10:43؛ 6:44؛ 12:48؛ ۋەھ. 17:1؛ 13:22

7:41 **«شۇنىڭ بىلەن نەققاشچى زەرگەرنى رىغبەتلەندۇرىدۇ، مېتالنى ياپىلاقلاپ بولقا ئويناتقۇچى سەندەلنى بازغان بىلەن سوققۇچىنى رىغبەتلەندۇرۇپ...»** ــ ئەللەر خۇدا بېشارەت قىلغان تاجاۋۇزچىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ قورقىدۇ (5-ئايەت). بىراق بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈشى بىلەن، بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىشىنىڭ ئورنىدا، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن (تۇمار سۈپىتىدە) بۇتلارنى ياساتماقچى بولىدۇ.

**8:41** قان. 6:7؛ 15:10؛ 2:14؛ 2تار. 7:20؛ زەب. 4:135؛ يەش. 1:43؛ 1:44؛ ياق. 23:2

9 مەن جاھاننىڭ قەرىدىن ئېلىپ كەلگەن،
يەرنىڭ ئەڭ چەتلىرىدىن چاقىرىغىنىم سەن ئىكەنسەن؛
مەن ساڭا «سەن مېنىڭ قۇلۇمدۇرسەن،
مەن سېنى تاللىغان،
سېنى ھەرگىز چەتكە قاقمايمەن» ــ دېگەنىدىم.
10 ــ قورقما؛ چۈنكى مەن سەن بىلەن بىللىدۇرمەن؛
ئۈيان-بۇيان قاراپ ھودۇقماڭلار؛
چۈنكى مەن سېنىڭ خۇدايىڭدۇرمەن؛
مەن سېنى كۈچەيتىمەن،
بەرھەق، مەن ساڭا ياردەمدە بولىمەن!
بەرھەق، مەن ئۆزۈمنىڭ ھەققانىيلىقىمنى بىلدۈرگۈچى ئوڭ قولۇم بىلەن سېنى يۆلەيمەن.
11 مانا، ساڭا قاراپ غالجىرلىشىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى خىجىل بولۇپ شەرمەندە بولىدۇ؛
ساڭا شىكايەت قىلغۇچىلار يوق دېيەرلىك بولىدۇ، ھالاك بولىدۇ.
12 سەن ئۇلارنى ئىزدىسەڭ، ھېچ تاپالمايسەن؛
سەن بىلەن دەۋالاشقۇچىلار ــ
ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار يوق دېيەرلىك، ھېچ بولۇپ باقمىغاندەك تۇرىدۇ.
13 چۈنكى مەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئوڭ قولۇڭنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ساڭا: ــ
«قورقما، مەن ساڭا ياردەمدە بولىمەن!» دەيمەن.

---

9:41 **«مەن جاھاننىڭ قەرىدىن ئېلىپ كەلگەن، يەرنىڭ ئەڭ چەتلىرىدىن چاقىرىغىنىم سەن ئىكەنسەن»** ــ ئوقۇرمەنلەر شۇنى ئېسىگە كەلتۈرسۇنكى، خۇدا ئىبراھىمنى يىراق يۇرتتىن قانائانغا (پەلەستىنگە) چاقىرغانىدى؛ كېيىن ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىلنى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق مىسىردىن قۇتقۇزغانىدى. **«سېنى ھەرگىز چەتكە قاقمايمەن»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «سېنى چەتكە قاقمىغانمەن».
**11:41** مىس. 22:23؛ يەش. 12:60؛ زەك. 3:12

**14 قورقما، سەن قۇرت بولغان ياقۇپ،**
**ئىسرائىلنىڭ بالىلىرى!**
**مەن ساڭا ياردەمدە بولىمەن!» ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، يەنى سېنىڭ**
**ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىڭ، ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى.**
**15 مانا، مەن سېنى كۆپ ھەم ئۆتكۈر چىشلىق يېڭى بىر دان ئايرىغۇچى**
**تىرنا قىلىمەن؛**
**سەن تاغلارنى يانجىپ، ئۇلارنى پارە-پارە قىلىۋېتىسەن،**
**دۆڭلەرنىمۇ كۆكۈم-تالقانغا ئايلاندۇرۇۋېتىسەن.**
**16 سەن ئۇلارنى سورۇيسەن،**
**شامال ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ،**
**قۇيۇن ئۇلارنى تارقىتىۋېتىدۇ؛**
**ۋە سەن پەرۋەردىگار بىلەن شادلىنىسەن،**
**ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنى ئىپتىخارلىنىپ**
**مەدھىيىلەيسەن.**
**17 بوزەكلەر ۋە يوقسۇللار سۇ ئىزدەيدۇ، لېكىن سۇ يوق؛**
**ئۇلارنىڭ تىلى ئۇسسۇزلۇقتىن قاغجىراپ كېتىدۇ؛**
**مەن پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئاڭلايمەن؛**

---

**14:41 «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»** ــ ئىبرانيي تىلدا «گوئېل» دېگەن مۇشۇ سۆزنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بار. بىرسى كەمبەغەل بولۇپ، ئۆزىنى قۇللۇققا سېتىۋەتكەن بولسا ياكى باشقا قىيىن ئەھۋالغا ئۇچراپ مال-مۈلۈكىنى ساتقان بولسا، مۇسا پەيغەمبەر قوبۇل قىلغان مۇقەددەس قانۇنغا ئاساسەن، مۇشۇ كىشىنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ھەمجەمەتلىرىنىڭ ئۇنى ھۆرلۈككە چىقىرىپ قۇتقۇزۇش ھوقۇقى بار ئىدى. دېمەك، «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»نىڭ («گوئېل») سېتىۋالغۇچى ئادەمگە پۇل بېرىپلا، ئۆز قېرىندىشىنى ھۆر قىلىپ قۇتقۇزۇش ھوقۇقى بار دېيەلەيتتى. ھوقۇقنى ئىشلىتىش ھەمجەمەتنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولاتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ ئىشلەتمەكچى بولسا، ھېچكىم ئۇنى توسالمايتتى.
—يەشايا خۇدانىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن دەل مۇشۇ سۆزنى ئىشلىتىدۇ. دېمەك، خۇدا ئىسرائىلغا «ھەمجەمەت»لىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ «گوئېل»ى، يەنى «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىسى» بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ.
**15:41** يەش. 13:17؛ 5:29

مەن ئىسرائىلنىڭ خۇداسى ئۇلاردىن ۋاز كەچمەيمەن.
18 مەن قاقاس ئېگىزلىكلەردە دەريالارنى،
جىلغىلار ئىچىدە بۇلاقلارنى ئاچىمەن؛
دالانى كۆلچەككە ئايلاندۇرىمەن،
تاتىراڭ يەردىن سۇلارنى ئۇرغۇتۇپ سۇ بىلەن قاپلاپ بېرىمەن.
19 دالادا كېدىر، ئاكاتسىيە، خاداس ۋە زەيتۇن دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈپ
بېرىمەن؛
چۆل-باياۋاندا ئارچا، قارىغاي ۋە بوكسۇس دەرەخلىرىنى بىرگە
تىكىمەن؛
20 شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇلارنى كۆرۈپ، بىلىپ، ئويلىنىپ: ــ
«پەرۋەردىگارنىڭ قولى مۇشۇلارنى قىلغان،
ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى ئۇنى ياراتقان!» دەپ تەڭ
چۈشىنىشىدۇ.

## خۇدانىڭ بۇتپەرەسلەرنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى يەنە بىر سۆزى

21 ــ مۇھاكىمىلىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
كۈچلۈك سەۋەبلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار، دەيدۇ ياقۇپنىڭ پادىشاھى.
22 ــ بۇتلىرىڭلار ئېلىپ كىرىلسۇن،
بىزگە نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتسۇن؛
ئىلگىرىكى ئىشلارنى، ئۇلارنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرلىرىغىچە كۆز

17:41 مات. 6:5
18:41 زەب. 35:107؛ يەش. 7:35؛ 3:44
**19:41 «دالادا كېدىر، ئاكاتسىيە، خاداس ۋە زەيتۇن دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈپ بېرىمەن؛ ... ئارچا، قارىغاي ۋە بوكسۇس دەرەخلىرىنى بىرگە تىكىمەن»** ــ مۇشۇ دەرەخلەر (زەيتۇن دەرىخىدىن سىرت) مېۋە ئۇچۇن ئەمەس، سايە بېرىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ؛ بىرقانچە خىل دەرەخ بىرخىل مۇھىت ئاستىدا تەڭ ئۆسۈشى مۇمكىن ئەمەس.
—قارىغاندا بۇ بېشارەت ئاخىرقى زامانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇ چاغدا خۇدا ئىسرائىلنى يېڭى بىر «مىسىردىن چىقىش» (ئەمەلىيەتتە، «جاھاننىڭ چەت-چەتلىرىدىن چىقىرىش») يولى بىلەن قۇتقۇزىدۇ.

ئالدىمىزدا كۆرسەتسۇن، شۇنداقلا بۇلاردىن چىقىدىغان نەتىجىلەرنى
بىزگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىپ بەرسۇن؛
ياكى بولمىسا، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئاڭلاپ بىلەيلى؛
23 سىلەرنىڭ ئىلاھلىق ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىشىمىز ئۈچۈن،
كېيىنكى يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بىزگە بايان قىلىڭلار؛
قانداقلا بولمىسۇن، بىزنى ھاڭ-تاڭ قىلىپ ئۇنى تەڭ كۆرىدىغان
قىلىش ئۈچۈن،
بىرەر ياخشى ئىش ياكى يامان بىر ئىشنى قىلىڭلار!
24 مانا، سىلەر يوقنىڭ ئارىلىقىدا،
ئىشلىگىنىڭلارمۇ يوق ئىشتۇر؛ سىلەرنى تاللىغۇچى بىر لەنىتىدۇر.

## بېشارەت تەكرارلىنىدۇ؛ خۇدا بارلىق ئەل-يۇرتلارغا «مېنىڭ قۇلۇمنى تونۇڭلار» دەپ تونۇشتۇرىدۇ

25 بىرسىنى شىمال تەرەپتىن قوزغىدىم، ئۇ كېلىدۇ؛
ئۇ كۈنچىقىشتىن مېنىڭ نامىمنى جاكارلاپ كېلىدۇ؛
ئۇ بىرسى ھاك لايىنى دەسسىگەندەك، ساپالچى لاي چەيلىگەندەك
ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىدۇ؛
26 بىزگە ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، كىم مۇقەددەمدىن بۇيان بۇنى ئېيتقان؟
ياكى بىزنى «ئۇ ھەقىقەتتۇر» دېگۈزۈپ بۇ ئىشتىن بۇرۇن ئۇنى
ئالدىنئالا ئېيتقان؟
ياق، ھېچكىم ئېيتمايدۇ؛
بەرھەق، ھېچكىم بايان قىلمايدۇ؛

---

23:41 **«بىرەر ياخشى ئىش ياكى يامان بىر ئىش قىلىڭلار»** ــ مۇشۇ ئىبارە «ھەرقانداق بىرەر ئىشنى قىلىڭلار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇتلار ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن ھېچقانداق ئىش قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

25:41 **«بىرسىنى شىمال تەرەپتىن قوزغىدىم، ئۇ كېلىدۇ؛ ئۇ كۈنچىقىشتىن مېنىڭ نامىمنى جاكارلاپ كېلىدۇ»** ــ تاجاۋۇزچى تېخى نامسىز، بىراق ھازىر ئۇ توغرۇلۇق يەنە بىر پاكىت بار: ئۇ شەرقتىن ھەمدە شىمال تەرەپتىنمۇ كېلىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مېنىڭ نامىمنى چاقىرىپ نىدا قىلىپ كېلىدۇ».

سۆزۈڭلارنى ئاڭلىيالىغۇچى بەرھەق يوقتۇر!
27 مەن دەسلەپتە زىئونغا: ــ «مۇشۇ ئىشلارغا كۆز تىكىپ تۇرۇڭلار! كۆز
تىكىپ تۇرۇڭلار!» دېدىم،
يېرۇسالېمغا خوش خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىنى ئەۋەتىپ بەردىم.
28 مەن قارىسام، شۇلار ئارىسىدا ھېچكىم يوق ــ
مەسلىھەت بەرگۈدەك ھېچكىم يوق،
شۇلاردىن سورىسام، جاۋاب بەرگۈدەك ھېچكىممۇ يوق.

## داۋامى

29 قاراڭلار، ئۇلار ھەممىسى قۇرۇق؛ ئۇلارنىڭ ياسىغانلىرى يوق ئىشتۇر،
قۇيما مەبۇدلىرى قۇرۇق شامالدەك مەنىسىزدۇر.

42
1 قاراڭلار، مانا مەن يۆلەيدىغان ئۆز قۇلۇمغا!
جېنىمنىڭ خۇشاللىقى بولغان مېنىڭ تاللىغىنىمغا؛
مەن ئۆز روھىمنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قوندۇرىمەن،
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەللەرگە ھۆكۈم-ھەقىقەتنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

---

28:41 **«شۇلار ئارىسىدا ھېچكىم يوق»** ــ «شۇلار» شۈبھىسىزكى، بۇتپەرەس ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ.

1:42 **«ئۆز قۇلۇم ، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»** ــ شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ «يات ئەللەر»گە بېغىشلىغان، ئۇلارنى بۇتپەرەسلىكتىن قۇتقۇزىدىغان جاۋابىدۇر. مۇشۇ ئايەتتىكى «قاراڭلار، مانا...» دېگەننى، 41-باب 29-ئايەتتىكى «جاۋاب بەرگۈدەك ھېچكىم يوق» قاتارلىقلار بىلەن سېلىشتۇرۇشىمىز كېرەك. قارىغاندا، خۇدا تاللىغان مۇشۇ مۇلايىم، مۇھەببەتلىك كىشى ئەل-يۇرتلارغا خۇدانىڭ سۆزىنى ئېلىپ كېلىدۇ. **«ئۇ ئەللەرگە ھۆكۈم-ھەقىقەتنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ»** ــ «ھۆكۈم-ھەقىقەت» (ئىبرانىي تىلىدا «مىشپات») ئېلىپ بېرىش» دېگەنلىك بولۇپ، ئۈچ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ــ (1) يۇقىرىقى 41-بابتىكى (خۇدا بۇتلار بىلەن مۇھاكىمە قىلغان) «سوت»تىكى «ھۆكۈم-ھەقىقەت»، يەنى «خۇدا دېگەن تىرىك ھەم بىردۇر، بۇتلار يوقتىن بولغان نەرسە» دېگەن ھەقىقەتنى ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەت. ھەقىقەتسىزلەر ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ؛ (2) خۇدانىڭ «ھەققانىي قۇل»ى خۇدانىڭ ئادىل قانۇن-پەرمانلىرىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ (3) خاتالىقنى تۈزىتىش، ئۇۋال بولغانلارغا ئادالەتنى يۈرگۈزىدۇ.

**1:42** يەش. 2:11؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ يـۇھ. 34:3؛ ئەف. 6:1

**2 ئۇ نە ۋارقىراپ-جارقىرىمايدۇ، نە چۇقان كۆتۈرمەيدۇ نە ئاۋازىنى**
**كوچىلاردا ئاڭلاتمايدۇ.**
**3 تاكى ئۇ غەلىبە بىلەن توغرا ھۆكۈملەرنى چىقارغۇچە،**
**يانجىلغان قومۇشنى سۇندۇرمايدۇ،**
**تۈتەپ ئۆچەي دەپ قالغان پىلىكنى ئۆچۈرمەيدۇ؛**
**4 ھۆكۈم-ھەقىقەتنى يەر يۈزىدە تىكلىمىگۈچە،**
**ئۇ ھالسىزلانمايدۇ، كۆڭلى يانمايدۇ؛**
**ئاراللارمۇ ئۇنىڭ پەرمان-قانۇنىنى تەلمۈرۈپ كۈتىدۇ.**
**5 ئاسمانلارنى يارىتىپ ئۇلارنى كەرگەن،**
**يەر-زېمىننى ھەم ئۇنىڭدىن چىققانلارنى يايغان،**
**ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان خەلققە نەپەس،**
**ئۇنىڭ ئۈستىدە مېڭىۋاتقانلارغا روھ بەرگۈچى تەڭرى پەرۋەردىگار**
**مۇنداق دەيدۇ: ــ**

---

2:42 **«ئۇ نە ۋارقىراپ-جارقىرىمايدۇ، نە چۇقان كۆتۈرمەيدۇ نە ئاۋازىنى كوچىلاردا ئاڭلاتمايدۇ»** ــ بۇنىڭ مەنىسى، بەلكىم «ئۇ داۋراڭ سالمايدۇ»، «ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ئېلان قىلمايدۇ».
3:42 **«ھۆكۈم-ھەقىقەت»** ــ توغرۇلۇق 42:1دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
4:42 **«ئۇ ھالسىزلانمايدۇ، كۆڭلى يانمايدۇ...»** ــ «ھالسىزلانمايدۇ» ۋە «كۆڭلى يانمايدۇ» دېگەن سۆزلەر ئىبرانىي تىلدا 3-ئايەتتىكى «تۈتەپ ئۆچەي دەپ قالغان» ھەم «يانجىلغان» دېگەنلەر بىلەن يىلتىزداشتۇر. **«ئاراللارمۇ ئۇنىڭ پەرمان-قانۇنىنى تەلمۈرۈپ كۈتىدۇ»** ــ
ھازىر (يەشايا كىتابىدىكى مۇشۇ يەرگىچە) «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» توغرۇلۇق شۇنداق خەۋىرىمىز بار: ــ
—(1) خۇدا ئۇنى پەۋقۇلئاددە ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن زور خۇشاللىق ئالىدۇ.
—(2) خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ تۇرىدۇ.
—(3) ئۇ تالاش-تارتىش قىلمايدىغان، كەمتەر، كىچىك پېئىللىق ئادەم بولىدۇ.
—(4) ئۇ ئىنتايىن مۇلايىم ئادەم بولۇپ، ھەتتا «ئۈمىد يوق» بولغۇدەك «يانجىلغان قومۇش» ياكى «تۈتەپ ئۆچەي دەپ قالغان پىلىك»كىمۇ مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىدۇ.
—(5) ئۇ دۇنياغا كەلگەندە، خۇدانىڭ ھەقىقەتلىرىنى، توغرا ھۆكۈملىرىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزمىگۈچە ھەرگىز يولدىن يانمايدۇ.
—(6) پۈتۈن دۇنيا، ھەتتا ئەڭ چەت جايلاردىكىلەر ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاپ، ئۇنىڭ سۆز-ھۆكۈملىرىگە تەشنا بولىدۇ.

**6 مەنكى پەرۋەردىگار سېنى ھەققانىيلىق بىلەن شۇنىڭغا چاقىرغانمەنكى،**
**سېنىڭ قولۇڭنى تۇتىمەن،**
**سېنى قوغداپ ساقلايمەن،**
**ھەم سېنى خەلققە ئەھدە سۈپىتىدە،**
**ئەللەرگە بىر نۇر قىلىپ بېرىمەن؛**
**7 قارىغۇ كۆزلەرنى ئېچىشقا،**
**زىنداندىن مەھبۇسلارنى،**
**تۇرمىدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئولتۇرغانلارنى قۇتقۇزۇشقا سېنى ئەۋەتىمەن.**
**8 مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن؛ مېنىڭ نامىم شۇدۇر؛**
**شان-شەرىپىمنى باشقا بىرسىگە،**
**ماڭا تەۋە بولغان مەدھىيىنى ئويما مەبۇدلارغا بەرمەيمەن.**
**9 مانا، ئالدىنقى ئىشلار بولسا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان؛**
**سىلەرگە يېڭى ئىشلارنى جاكارلايمەن؛**
**ئۇلار تېخى يۈز بەرمىگۈچە،**

---

**6:42 «ھەم سېنى خەلققە ئەھدە سۈپىتىدە، ئەللەرگە بىر نۇر قىلىپ بېرىمەن»** ــ «خەلق» تەۋراتتا ئادەتتە ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ، «ئەللەر» «ئىسرائىلدىن باشقا خەلقلەر»نى، «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

**7:42 «قارىغۇ كۆزلەرنى ئېچىشقا، زىنداندىن مەھبۇسلارنى، تۇرمىدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئولتۇرغانلارنى قۇتقۇزۇشقا سېنى ئەۋەتىمەن»** ــ بۇ ئايەتلەردىن «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» توغرىسىدا شۇلارنىمۇ كۆرۈمىزكى: ــ

– (7) ئۇ خۇدانىڭ زور ياردىمىگە ئىگە بولىدۇ؛

– (8) ئۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئۆزى بىر «ئەھدە» بولىدۇ ھەم ئۆزى «نۇر» بولىدۇ.

– (9) بۇ ئەھدىنىڭ مەزمۇنى بولسا (5-ئايەت خۇدانىڭ دۇنيادىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ غېمىدە بولغانلىقىنى كۆرسەتكەندەك) خەلقلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۇلارنى ئەركىنلىككە چىقىرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

– (10) خۇدا ئۇنى (مەسىھنى) ئەھدە سۈپىتىدە جاھاندىكى بارلىق خەلققە ھەدىيە قىلغاندەك «بېرىدۇ».

**8:42** يەش. 11:48

مەن ئۇلارنى سىلەرگە بايان قىلىمەن.
[10] ــ پەرۋەردىگارغا يېڭى ناخشا ئېيتىڭلار،
ئى دېڭىزدا يۈرگەنلەر ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە مەۋجۇداتلار،
ئاراللار ھەم ئۇلاردا تۇرغانلارمۇ،
جاھاننىڭ چەت-چەتلىرىدىن ئۇنى مەدھىيىلەڭلار!
[11] دالا ھەم ئۇنىڭدىكى شەھەرلەر،
كېدار قەبىلىسىدىكىلەر تۇرغان كەنتلەر ئاۋازىنى كۆتۈرسۇن،
سېلادىكىلەر يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتسۇن،
تاغلارنىڭ چوققىلىرىدىن تەنتەنە قىلسۇن!
[12] ئۇلار پەرۋەردىگارنى ئۇلۇغلىسۇن،
ئۇنىڭ مەدھىيىلىرى ئاراللاردىمۇ جاكارلانسۇن.
[13] پەرۋەردىگار پالۋاندەك چىقىدۇ،
باتۇر لەشكەردەك ئوتلۇق مۇھەببىتىنى قوزغايدۇ؛
ئۇ ۋارقىرايدۇ، بەرھەق شىردەك ھۆركىرەيدۇ؛
دۈشمەنلىرى ئۈستىگە زور كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.
[14] ــ «مەن ئەبەدىلئەبەد سۈكۈتتە تۇرۇپ كەلدىم؛

---

**9:42 «مانا، ئالدىنقى ئىشلار بولسا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان؛ سىلەرگە يېڭى ئىشلارنى جاكارلايمەن...»** ــ «ئالدىنقى ئىشلار» بەلكىم 41-باب، 1-4-ئايەتتىكى، «تاجاۋۇزچى»نىڭ ئىشلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. «يېڭى ئىشلار» بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ھەققانىي قۇلى» توغرۇلۇقتۇر. «تاجاۋۇزچى» ۋە «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نى سېلىشتۇرساق، تاجاۋۇزچى ۋەيرانچىلىق قىلىدۇ، ئەل-يۇرتلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ، بۇتپەرەسلىك تېخىمۇ كۈچىيىدۇ؛ «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» بولسا خەقلەرگە رەھىم قىلىدۇ، ئادەمنى ساقايتىدۇ، ئەل-يۇرتلارنى، يەنى «يات ئەللەر»نى خۇداغا قارىتىپ ئۇنىڭ نۇرىغا يېتەكلەيدۇ.
**10:42 «دېڭىزدا يۈرگەنلەر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «دېڭىزغا چۈشكەنلەر» ــ «زەب.» 23:107نى كۆرۈڭ.
**10:42** زەب. 3:33
**11:42 «كېدار قەبىلىسىدىكىلەر... سېلادىكىلەر...»** ــ «كېدار قەبىلىسى» ئەرەبلەرنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى. «سېلا» بولسا ئېدومنىڭ بىر شەھىرى (سېلا قورام تاش ئۈستىگە سېلىنغان ــ مەنىسى «قورام تاش»). يۇقىرىقى 34-بابتا دېيىلگەندەك، ئېدوم خۇدانىڭ سۆزىگە قارشى تۇرغىنى بىلەن، ئېدومدىن خۇداغا توۋا قىلىپ ھەقىقىي ئىبادەت قىلىدىغانلار بولىدۇ.

**جىم تۇرۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ كەلدىم؛**
**بىراق هازىر تولغىقى تۇتقان ئايالدەك ئىنچىقلاپ تىۋۋلايمەن؛**
**هەم هاسىرايمەن هەم ئىڭرايمەن!**
15 **مەن تاغلارنى هەم دۆڭلەرنى چۆلدەرىتىمەن،**
**ئۇلارنىڭ هەممە يېشىللىقلىرىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن؛**
**دەريالارنى ئاراللارغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن؛**
**كۆلچەكلەرنىمۇ قاغجىرىتىمەن.**
16 **قارىغۇلارنى ئۆزى بىلمىگەن بىر يول بىلەن ئاپىرىپ قويىمەن،**
**ئۇلارنى ئۇلار بىلمىگەن يوللاردا يېتەكلەيمەن؛**
**ئۇلارنىڭ ئالدىدا قاراڭغۇلۇقنى نۇر،**
**ئەگرى-توقاي يەرلەرنى تۈپتۈز قىلىمەن.**
**مەن مۇشۇ ئىشلارنى قىلماي قالمايمەن،**
**ئۇلاردىن هېچ ۋاز كەچمەيمەن.**
17 **ئويما مەبۇدلارغا تايانغانلار،**

---

14:42 **«مەن ئەبەدىلئەبەد سۈكۈتتە تۇرۇپ كەلدىم؛ جىم تۇرۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ كەلدىم؛ بىراق هازىر تولغىقى تۇتقان ئايالدەك ئىنچىقلاپ تىۋۋلايمەن؛ هەم هاسىرايمەن هەم ئىڭرايمەن!»** ــ «يېڭى ئىشلار» يەنى ئۇنىڭ «هەققانىي قۇلى»نىڭ دۇنياغا كېلىشى، شۇنداقلا نۇرغۇن ئادەملەرنى گۇناهلىرىنىڭ ئاسارەتلىرىدىن قۇتقۇزۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇدا بۇ «يېڭى ئىشلار»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، هامىلدار ئايالنىڭ تولغىقى تۇتقاندەك بولىدۇ (10-17-ئايەتلەر تولۇق بىر بۆلۈمدۇر).

—دېمىسەكمۇ، مۇشۇ «يېڭى ئىشلار» خۇداغا نىسبەتەن پۈتكۈل ئالەمدىن مۇهىمدەك تۇرىدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئاسمان-زېمىننى بىر سۆز بىلەنلا ياراتقان؛ بىراق مۇشۇ ئىشلارنى ئۇ تەشنالىق بىلەن ئۇزۇن، يەنى ئەبەدىلئەبەد كۈتۈپ كەلگەن هەم ئۇلارنى تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئېغىر جاپا هەم ئازاب تارتقاندەك قىلىدۇ. مۇشۇ ئىنتايىن سىرلىق ئىشتۇر! **«هەم هاسىرايمەن هەم ئىڭرايمەن»** ــ ئىككى ئىشنىڭ تەڭ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

16:42 **«قارىغۇلارنى ئۆزى بىلمىگەن بىر يول بىلەن ئاپىرىپ قويىمەن... مەن مۇشۇ ئىشلارنى قىلماي قالمايمەن، ئۇلاردىن هېچ ۋاز كەچمەيمەن»** ــ 15- ۋە 16-ئايەتكە قارىغاندا، «يېڭى ئىشلار» دۇنياغا كەلگەندە، بەزى كىشلەر ئۈچۈن ئازابلىق بولىدۇ؛ يەر-زېمىن ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭ خۇدا باشقا بىرنەچچە «قارىغۇلار» (بەلكىم، گۇناهنى، جۈملىدىن بۇتپەرەسلىكنى تونۇپ يېتىدىغانلار) ئۈچۈن موهتاجلىرىنى تەمىنلەيدىغان مەخسۇس شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدۇ.

**قۇيما مەبۇدلارغا: «سىلەر ئىلاھلىرىمىزدۇر» دېگەنلەر بولسا،**
**ئۇلار يولدىن ياندۇرۇلماي قالمايدۇ،**
**قاتتىق شەرمەندە قىلىنىدۇ.**
[18] **— «ئاڭلاڭلار، ئى گاسلار!**
**قارىغۇلار، كۆرۈش ئۈچۈن قاراڭلار!**
[19] **مېنىڭ قۇلۇمدىن باشقا يەنە كىم قارىغۇ؟**
**مېنىڭ ئەۋەتكەن «ئەلچىم»دىن باشقا يەنە كىم گاس؟**
**كىم مەن بىلەن ئەھدىلەشكەندەك شۇنچە قارىغۇدۇ؟**
**كىم پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىدەك شۇنچە قارىغۇدۇ؟**
[20] **سەن نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگىنىڭ بىلەن،**
**بىراق نەزىرىڭگە ھېچ ئالمايسەن؛**
**ئۇنىڭ قۇلىقى ئېچىلغىنى بىلەن،**
**ئۇ ئاڭلىمايدۇ».**
[21] **پەرۋەردىگار ئۆز ھەققانىيلىقى ئۈچۈن لايىق كۆردىكى،**

---

**17:42** زەب. 7:97؛ يەش. 1:29؛ 11:44؛ 16:45

**19:42 «مەن بىلەن ئەھدىلەشكەندەك»** — ياكى «مەن بىلەن ئىناق قىلىنغاندەك». **«... كىم مەن بىلەن ئەھدىلەشكەندەك شۇنچە قارىغۇدۇ؟ كىم پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىدەك شۇنچە قارىغۇدۇ؟»** — بىر سوئال تۇغۇلىدۇكى، مۇشۇ ئايەتتە دېيىلگەن «مېنىڭ قۇلۇم» يۇقىرىقى «خۇشاللىقىم بولغان قۇلۇم»مۇ ياكى باشقىسىمۇ؟ تېزلا كۆرىمىزكى، ئۇ ئەمەس، بەلكى ئىسرائىلنىڭ ئۆزى بولىدۇ (مەسىلەن، 22-ئايەتنى كۆرۈڭ). خۇدا 18-ئايەتتە، ئۆزى تەرىپىدىن ساقايتىلغان (16-ئايەت)، ئەسلى بۇتپەرەس «قارىغۇ» بولغان ئەل-يۇرتلارنى («يات ئەللەرنى») ئۆزىنىڭ «قارىغۇ» خەلقىنى، يەنى ئىسرائىلنى نەزىرىگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ. دېمەك، ئىسرائىل تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ «قارىغۇ» دەپ ھېسابلانغانلار كۆرەلەيدىغان بولىدۇ، بىراق (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) خۇدانىڭ نۇرىنى قوبۇل قىلغان ئىسرائىللار بولسا، ئاسىيلىق قىلىپ قارىغۇ بولۇپ قالدى.

**20:42** رىم. 2:2-11

**تەۋرات-قانۇنىنى ئۇلۇغ ھەم شان-شەرەپلىك دەپ كۆرسەتتى.**
**22 بىراق شۇلار بولسا ئولجا ئېلىنغان ھەم بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان بىر خەلقتۇر؛**
**ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورا-تۈزاقتا تۇتۇلغان،**
**گۇندىخانىلاردا قامىلىپ غايىب بولىدۇ؛**
**ئۇلار غەنىيمەت بولىدۇ،**
**ھېچكىم قۇتقۇزمايدۇ؛**
**ئۇلار ئولجا بولىدۇ،**
**ھېچكىم: «قايتۇرۇپ بېرىش!» دېمەيدۇ.**
**23 بىراق ئاراڭلاردا كىم بۇنىڭغا قۇلاق سالسۇن؟**
**كىم بۇلارنى ئاڭلاپ كەلگۈسى زامانلارغا كۆڭۈل قويسۇن؟**
**24 ئەمدى كىم ياقۇپنى ئولجا قىلغان؟**
**كىم ئىسرائىلنى بۇلاڭچىلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن؟**
**بۇنى قىلغىنى بولسا، بىز گۇناھ قىلىپ كەمستكەن پەرۋەردىگار ئەمەسمۇ؟**
**چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ يوللىرىدا مېڭىشنى خالىمايتتى؛**
**ياكى ئۇنىڭ قانۇنىغا ئىتائەت قىلمايتتى.**

---

21:42 **«پەرۋەردىگار ئۆز ھەققانىيلىقى ئۈچۈن لايىق كۆردىكى، تەۋرات-قانۇننى ئۇلۇغ ھەم شان-شەرەپلىك دەپ كۆرسەتتى»** ــ خۇدا ئىسرائىلغا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق مۇقەددەس قانۇن-پەرمانىنى بەرگەن. شۇڭا ئۇلار بۇتپەرەسلىككە تولغان دۇنيا ئارىسىدا بىردىنبىر خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان خەلق بولۇپ، زور ئىمتىيازغا ئېرىشكەنىدى. خۇدانىڭ مەقستى، ئۇلار ئارقىلىق «مېنىڭ قۇلۇم» ھەم «ئۈلگە» سۈپىتىدە، مۇشۇ نۇرىنى پۈتكۈل دۇنياغا يەتكۈزمەكچى. بىراق ئىسرائىللار ئۇنىڭ شۇ مەقستىنى ھېچ ئەتىۋارلىماي، كۆپ جەھەتتىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن.
22:42 **«بىراق شۇلار بولسا ئولجا ئېلىنغان ھەم بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان بىر خەلقتۇر...ئۇلار ئولجا بولىدۇ، ھېچكىم: «قايتۇرۇپ بېرىش!» دېمەيدۇ»** ــ ئەگەر ئىسرائىل خۇدانىڭ سۆزىگە كىرگەن بولسا، نۇرغۇن ئەللەر ئۇلارغا بېقىندى بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمىگەندىن كېيىن، ئەھۋالى دەل ئۇنىڭ ئەكسى بولدى.
23:42 **«بىراق ئاراڭلاردا كىم بۇنىڭغا قۇلاق سالسۇن؟ كىم ... كۆڭۈل قويسۇن؟»** ــ مۇشۇ گەپكە قارىغاندا، ھەتتا خۇدانىڭ تەربىيىلىك جازاسى بېشىغا چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئاڭلىغۇچى قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزلىرى بارلار يەنىلا ئاز بولسا كېرەك.

25 شۇڭا ئۇ ئۇلار ئۈستىگە غەزەپ-قەھرىنى،
ئۇرۇشنىڭ زوراۋانلىقىنى تۆكۈپ چۈشۈردى؛
بۇلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوت تۇتاشتۇردى؛
بىراق ئۇ تونۇپ يەتمىدى؛
بۇلار ئۇنى كۆيدۈردى، بىراق ئۇ ھېچ ساۋاق ئالمىدى.

## داۋامى

43 1 بىراق ھازىر ئى ياقۇپ، سېنى يارانتقۇچى پەرۋەردىگار،
ئى ئىسرائىل، سېنى شەكىللەندۈرگۈچى مۇنداق دەيدۇ: ــ
«قورقما؛ چۈنكى مەن ساڭا ھەمجەمەت بولۇپ سېنى قۇتقۇزغان؛
سېنى ئۆز نامىم بىلەن ئاتىغانمەن؛
سەن مېنىڭكىدۇرسەن!
2 سەن سۇلاردىن ئۆتكىنىڭدە، مەن سەن بىلەن بىللە بولىمەن؛
دەريالاردىن ئۆتكىنىڭدە، ئۇلار سېنى غەرق قىلمايدۇ؛
سەن ئوتتا مېڭىپ يۈرگىنىڭدە، سەن كۆيمەيسەن؛
يالقۇنلار ئۈستۈڭدە ئوت ئالمايدۇ.
3 چۈنكى مەن بولسام خۇدايىڭ پەرۋەردىگار، ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس
بولغۇچى، قۇتقۇزغۇچىڭدۇرمەن؛
سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مىسىرنى بەدەل قىلىپ بەردىم،

---

2:43 «سۇلاردىن... دەريالاردىن.. ئوتتا مېڭىپ يۈرگىنىڭدە...» ــ يۇقىرىقى 42-باب، 25-ئايەتتە ئىسرائىلغا تەربىيە بېرىلگەن ئوت تىلغا ئېلىنىدى. بىراق مۇشۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، خۇدا ئۇلارغا ئەشەددىي قاتتىق تەربىيە (مەسىلەن، ئۇلارنى سۇلاردىن ۋە ئوتلاردىن ئۆتكۈزۈپ) بەرگىنى بىلەن، ئۇ ھامان ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ.
2:43 زەب. 12:66

**ئورنۇڭغا ئېفىئوپىيە ھەم سېبانى ئالماشتۇردۇم.**

**4 سەن نەزىرىمدە قىممەتلىك بولغاچقا،**
**مەن ساڭا ئىززەت-ھۆرمەت كەلتۈرگەن ھەم سېنى سۆيگەن؛**
**شۇڭا مەن يەنە ئورنۇڭغا ئادەملەرنى،**
**جېنىڭغا خەلقلەرنى تۆتۈپ بېرىمەن؛**
**5 قورقما، چۈنكى مەن سەن بىلەن بىللەدۇرمەن؛**
**مەن نەسلىڭنى شەرقتىن،**
**سېنى غەربتىن يىغىپ ئەپكېلىمەن؛**
**6 مەن شىمالغا: ــ «تاپشۇر ئۇلارنى!»**
**ۋە جەنۇبقا: ــ «ئۇلارنى تۇتۇپ قالما!**
**ئوغۇللىرىمنى يىراقتىن، قىزلىرىمنى جاھاننىڭ چەت-چەتلىرىدىن ئەپكېلىپ بەر؛**
**7 مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتالغان ھەربىرسىنى،**
**مەن ئۆز شان-شەرىپىم ئۈچۈن ياراتقان ھەربىرسىنى ئەپكېلىپ بەر!»**
**ــ دەيمەن،**
**«مەن ئۇنى شەكىللەندۈردۈم، مەن ئۇنى ئاپىرىدە قىلدىم!»».**

## «سوتتا» ــ خۇدا ۋە بۇتلار ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىڭلار!

**8 ئۇ «كۆزى بار» قارىغۇ خەلقنى،**
**يەنى «قۇلىقى بار» گاسلارنى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.**
**9 ــ «بارلىق ئەللەر يىغىلسۇن،**
**خەلقلەر جەم بولسۇن!**

---

3:43 **«سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مىسىرنى بەدەل قىلىپ بەردىم، ئورنۇڭغا ئېفىئوپىيە ھەم سېبانى ئالماشتۇردۇم»** ــ مۇشۇ سۆزلەر بەلكىم خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مىسىر پادىشاھى پىرەۋن قاتتىق قارشى چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ پۈتكۈل يۇرتى (جۈملىدىن مىسىرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى يۇرتلار ئېفىئوپىيە، سېبامۇ) زور زىيان تارتقان.

**5:43** يەش. 2:44؛ يەر. 10:30؛ 27:46

8:43 **«... «كۆزى بار» قارىغۇ... «قۇلىقى بار» گاسلار»** ــ شۈبھىسىزكى ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ. ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، خۇدا ئۇلارنى ئۆزىگە گۇۋاھلىق قىلىشقا ئالدىغا كەلتۈرگەن.

**ئۇلاردىن كىممۇ مۇنداق ئىشلارنى جاكارلىيالىسۇن؟**
**يەنى كىم مۇشۇنداق «ئىلگىرىكى ئىشلار»نى ئالدىنئالا بىزگە ئاڭلىتىپ باققان؟**
**بار بولسا، ئۆزلىرىنى ئىسپاتلاشقا گۇۋاھچىلىرىنى ئالدىغا كەلتۈرسۇن؛**
**بولمىسا، ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ــ «بۇ بولسا ھەقىقەت!» دەپ ئېتىراپ قىلسۇن!**
10 **سىلەر خەلقىم مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم،**
**ھەم مەن تاللىغان قۇلۇم مەن ئۈچۈن گۇۋاھچىدۇر،**
**شۇنداق ئىكەن، سىلەر مېنى تونۇپ، ماڭا ئىشىنىپ،**
**ھەم چۈشىنىپ يەتكەيسىلەركى: ــ**
**«مەن دېگەن «ئۇ»دۇرمەن،**
**مەندىن ئىلگىرى ھېچ ئىلاھ شەكىللەنمىگەن،**
**ھەم مەندىن كېيىنمۇ ھېچ شەكىللەنمەيدۇ؛**
11 **مەن، مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن؛**
**مەندىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوقتۇر».**
12 **ــ ئاراڭلاردا «يات ئىلاھ» بولمىغان ۋاقىتتا،**
**مەن مەقسىتىمنى جاكارلىغان،**
**مەن قۇتقۇزغان ھەم شۇ ئىشلارنىڭ داڭقىنى چىقارغانمەن؛**

---

**9:43 «بارلىق ئەللەر يىغىلسۇن، خەلقلەر جەم بولسۇن! ئۇلاردىن كىممۇ مۇنداق ئىشلارنى جاكارلىيالىسۇن؟...»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «(يات) ئەللەر» ھەم «خەلقلەر» بولسا، شۈبھىسىزكى، ئىسرائىلدىن سىرت بارلىق خەلقلەرنى، يەنى «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نى كۆرسىتىدۇ. «يەشايا» دېگەن كىتابتا «ئەللەر» ياكى «خەلق-مىللەتلەر» دېيىلسە، ھەردائىم مۇشۇ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.
—مۇشۇ يەردە بارلىق ئەل-يۇرتلار (ئىسرائىلدىن سىرت) بۇتپەرەسلىككە چۆكۈپ كەتتى. خۇدا ئۇلاردىن: «ئاراڭلاردىن: ــ «بىزنىڭ چوقۇنغان بۇتىمىز سېنىڭ «ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ چىقىرىش»ىڭغا ئوخشاش ئۇلۇغ بىر ئىشنى قىلغان» دېگۈچىلەر بارمىدۇ؟ ــ بار بولسا گۇۋاھچىلىق قىلسۇن» ــ دېگەندەك سورايدۇ. ئەلۋەتتە، خۇدانىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈچى يوق.
**10:43 «سىلەر خەلقىم مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم، ھەم مەن تاللىغان قۇلۇم مەن ئۈچۈن گۇۋاھچىدۇر،...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سىلەر خەلقىم مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم، شۇنداقلا مېنىڭ تاللىغان قۇلۇمسىلەركى،...».
**10:43** يەش. 4:41؛ 8:44؛ 21:45؛ ھوش. 4:13

شۇڭا سىلەر مېنىڭ تەڭرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھچىسىلەر، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[13] «بەرھەق، ئەزەلدىن بۇيان مەن دېگەن «ئۇ»دۇرمەن،
مېنىڭ قولۇمدىن ھېچكىم ھېچكىمنى قۇتقۇزالمايدۇ؛
مەن ئىش قىلسام، كىم توسالىسۇن؟

## خۇدا ئىسرائىلنى بابىلدىن قۇتقۇزىدۇ

[14] ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىڭلار بولغان پەرۋەردىگار، ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ــ
سىلەرنى دەپ مەن بابىلنى جازالاتقۇزۇپ،
ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن كالدىيلەرنى،
قاچقۇن سۈپىتىدە ئۆزلىرى خۇشاللىق بىلەن پەخىرلەنگەن كېمىلەرگە ئولتۇرۇشقا چۈشۈرۈۋېتىمەن.
[15] مەن بولسام پەرۋەردىگار، سىلەرگە مۇقەددەس بولغۇچى، ئىسرائىلنى ياراتقۇچى، سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلاردۇرمەن.
[16] دېڭىزدىن يولنى چىقارغۇچى،
داۋالغۇغان سۇلاردىن يول ئاچقۇچى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
[17] (ئۇ جەڭ ھارۋىسىنى ۋە ئاتنى، قوشۇن-كۈچلەرنى چىقارغۇچىدۇر: ــ
ئۇلار بىراقلا يىقىلىدۇ، تۇرالمايدۇ؛

---

**12:43 «شۇڭا سىلەر مېنىڭ تەڭرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھچىسىلەر...»** ــ دېمەك، خۇدا: «سىلەرنى مىسىردىن قۇتقۇزىمەن» ــ دېگەن؛ ئۇ شۇنداق قىلغان؛ ئاندىن مۇشۇ ئىشلارنى دۇنياغا ئايان قىلغان.
—خۇدا ئىسرائىلنى مۇشۇ ئىشلىرىدا ئۆزىگە گۇۋاھچى بولۇشقا چاقىرغان بولسىمۇ، بۇ ئايەتكە قارىغاندا، ئۇلار ئۇنىڭغا ھېچ گۇۋاھلىق بەرمىگەن.
**13:43** يەش. 27:14
**14:43 «ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن كالدىيلەرنى، قاچقۇن سۈپىتىدە ئۆزلىرى خۇشاللىق بىلەن پەخىرلەنگەن كېمىلەرگە ئولتۇرۇشقا چۈشۈرۈۋېتىمەن»** ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى بابىل شەھىرى پارسلىقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قاچقۇنلىرى كېمىلىرى بىلەن ئەفرات دەرياسى يولى ئارقىلىق قاچماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**ئۇلار ئۆچۈپ قالغان، چىراغ پىلىكىدەك ئۆچۈرۈلگەن)**
**[18] ــ مۇشۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىمەڭلار،**
**قەدىمكى ئىشلار توغرۇلۇقمۇ ئويلانماڭلار؛**
**[19] چۈنكى مانا مەن يېڭى بىر ئىشنى قىلىمەن؛**
**ئۇ هازىرلا بارلىققا كېلىدۇ؛ سىلەر ئۇنى كۆرمەي قالامسىلەر؟!**
**مەن هەتتا دالالاردىمۇ يول ئاچىمەن،**
**چۆل-باياۋاندا دەريالارنى بارلىققا كەلتۈرىمەن!**
**[20] دالادىكى هايۋانلار، چىلبۆرىلەر هەم هۇۋقۇشلار مېنى ئۇلۇغلايدۇ؛**
**چۈنكى مەن ئۆز خەلقىم، يەنى ئۆز تاللىغىنىمغا ئىچىملىك تەمىنلەشكە، دالالاردا سۇلارنى،**
**چۆل-باياۋانلاردا دەريالارنى چىقىرىپ بېرىمەن.**
**[21] مەن مۇشۇ خەلقنى ئۆزۈم ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەنمەن؛**
**ئۇلار ماڭا بولغان مەدھىيىلەرنى ئېيتىپ ئايان قىلىدۇ.**

---

17:43 **«دېڭىزدىن يولنى چىقارغۇچى ... پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــــ ئۇ جەڭ هارۋىسىنى ۋە ئاتنى، قوشۇن-كۈچلەرنى چىقارغۇچىدۇر: ــــ ئۇلار بىراقلا يىقىلىدۇ، تۇرالمايدۇ...»** ــ (16-17-ئايەتلەر) مۇسا پەيغەمبەر ياشىغان دەۋردە، مىسىرنىڭ قوشۇنلىرى ئىسرائىللارنى «دېڭىزدا ئېچىلغان يول»دا قوغلاپ، دېڭىزدىن ئۆتمەكچى بولۇپ، 16-17-ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەر بىلەن ۋەيران قىلىنغان. شۇ يول بىلەن خۇدا ئىسرائىلنى قۇتقۇزغان. تەۋرات، «مىسىردىن چىقىش»، 14-بابنى كۆرۈڭ.

**19:43** ۋەھ. 5:21

21:43 **«...مەن مۇشۇ خەلقنى ئۆزۈم ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەنمەن؛ ئۇلار ماڭا بولغان مەدھىيىلەرنى ئېيتىپ ئايان قىلىدۇ»** ــ مۇشۇ 14-21-ئايەتلەرگە قارىغاندا، ئىسرائىل بابىل ئىمپېرىيەسىگە ئەسىر بولۇپ سۈرگۈن بولغاندىن كېيىن قايتىدىن ئازاد قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا خۇدا ئۇلارنىڭ يولنى ئاجايىب تەييارلاپ بېرىدۇ ۋە هەم يولدا موهتاج بولغانلىرىنىڭ هەممىسىنى (مىسىردىن چىقىپ ئازاد بولغان ۋاقتتا ئوخشاش) مۆجىزىلەر ئارقىلىق تەمىنلەپ بېرىدۇ.
—ئىسرائىل بابىلدىن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى) ئازاد بولغان. شۇ چاغدا بابىلنىڭ قاچقۇنلىرى (14-ئايەت) كېمىلىرى بىلەن ئەفرات دەرياسى بىلەن قاچماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق بىلىشىمىزچە بۇ ئىشتىن باشقا، شۇ چاغدا بېشارەت قىلىنغان مۇشۇ كارامەت ئىشلار يۈز بەرمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزقارىشىمىز شۇكى، ئاخىرقى زاماندا ئىسرائىلنىڭ ئىككىنچى قېتىم بابىلدىن (شۇنداقلا جاهاننىڭ بارلىق چەت-ياقلىرىدىن) قېچىشى مۇقەررەر بولىدۇ؛ شۇ چاغدا خۇدا ئۇلار ئۈچۈن 14-21-ئايەتلەردە بېشارەت قىلىنغان كارامەت ئىشلارنى قىلىدۇ.

**21:43** لۇقا 74،75:1

## ئىسرائىلنىڭ مەنىسىز قۇربانلىقلىرى
## خۇدانىڭ ئىسرائىلغا كۆرسەتمەكچى بولغان مېھىر-شەپقىتى

[22] بىراق، ئى ياقۇپ، سەن نامىمنى چاقىرغىنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئىزدىمىدىڭ،
ئى ئىسرائىل، ئەكسىچە سەن مەندىن كۆڭلۈڭ يېنىپ ھارسىندىڭ؛
[23] سەن ئېلىپ كەلگەن «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» قويلىرىڭنى ماڭا قىلغان ئەمەس،
«ئىناق قۇربانلىق»لىرىڭ بىلەن مېنى ھۆرمەتلىگەن ئەمەسسەن؛
مەن ئاشلىق ھەدىيەسىنى قىلىش بىلەن سېنى «قۇللۇق»قا قويماقچى ئەمەسمەن،
خۇشبۇي يېقىپ سېنى ھارسىندۇرماقچى بولغان ئەمەسمەن!
[24] سەن پۇلنى خەجلەپ ماڭا ھېچ ئىگىر ئېلىپ كەلمىگەنسەن،
سەن «ئىناق قۇربانلىق»لىرىڭنىڭ يېغى بىلەن مېنى رازى قىلىپ قانائەتلەندۈرگەن ئەمەسسەن؛
ئەكسىچە سەن گۇناھلىرىڭ بىلەن مېنى قۇللۇققا قويماقچى بولغانسەن،

---

**22:43 «بىراق، ئى ياقۇپ، سەن نامىمنى چاقىرغىنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئىزدىمىدىڭ»** ــ دېگەن ئىبرانىي تىلىدا ئىككى بىسلىق سۆز. بىرىنچى مەنىسى تەرجىمە قىلغىنىمىزدەك «نامىمنى چاقىرغىنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئىزدىمىدىڭ» («ئۆزۈمنى» دېگەن سۆز ناھايىتى تەكىتلەنگەن).
—ئىككىنچى مەنىسى، «سەن مېنىڭ نامىمنى ھېچ چاقىرمىدىڭ» ــ دېمەك، ھېچ دۇئا قىلمىدىڭ. بىزنىڭچە بىرىنچىسى توغرا، ئۇلار كۆپ دۇئا قىلغىنى بىلەن چىن دىلدىن ئەمەس ئىدى. 23-24ئايەتلەرنىمۇ كۆرۈڭ.
**23:43 «سەن ئېلىپ كەلگەن «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» قويلىرىڭنى ماڭا قىلغان ئەمەس...»**
ــ يۇقىرىقى ئىزاھەتىمىزدەك، ئىككىنچى بىرخىل تەرجىمىسى بار: ــ «ماڭا ھېچقانداق قۇربانلىقلار ئېلىپ كەلمىدىڭ» دېگەندەك ئاساسىي مەندە بولىدۇ. بىراق «يەشايا» 1-بابقا ئاساسەن، ئۇلار كۆپتىن-كۆپ قۇربانلىقلار قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇنداق قىلغىنى بىلەن ھەممىسى بىكار.

**ئىتائەتسىزلىكىڭ بىلەن مېنى ھارسىندۇردۇڭ.**
25 **مەن، مەن ئۆزۈم ئۈچۈنلا سېنىڭ ئاسىيلىقلىرىڭنى ئۆچۈرىۋەتكۈچىمەن،**
**مەن سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى ئېسىمگە كەلتۈرمەيمەن.**
26 **ئەمدى ئۆتمۈشۈڭ توغرۇلۇق مېنى ئەسلىتىپ قويغىن،**
**مۇنازىرە قىلىشايلى،**
**ئۆزۈڭنى ئاقلىغۇدەك گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن!**
27 **بىرىنچى ئاتاڭ گۇناھ قىلغان؛**
**سېنىڭ شەرھچىلىرىڭ بولسا ماڭا ئاسىيلىق قىلدى.**

---

24:43 **«سەن پۇلنى خەجلەپ ماڭا ھېچ ئېگىر ئېلىپ كەلمىگەنسەن...»** ــ شەرھىمىزچە، مۇشۇ ئىنتايىن كىنايىلىك گەپ. «پۇل خەجلەپ **ماڭا** ھېچ ئېگىر ئېلىپ كەلمىگەنسەن» ــ دېمەك، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىڭ (كۆپ بولسىمۇ) ماڭا خۇددى ھېچنېمە ئېلىپ كەلمىگەندەك بىلىنىدۇ؛ مەن ئۇلاردىن ئىنتايىن بىزارمەن، دېگەنلىكتۇر. **«مېنى قۇللۇقتا قويماقچى بولغانسەن»** ــ ئەگەردە بىرسى ھېچ توۋا قىلماي، چىن دىلىدىن دۇئا قىلماي تۇرۇپ (ئۆتكەن زامانلاردا) قۇربانلىق قىلسا، مۇشۇنداق ئىش خۇدانىڭ ئالدىدا «جادۇگەرلىك»كە باراۋەر. دېمەك، «مەن پەقەت بىرەر «دىنىي پائالىيەت»لىك ئىش قىلساملا، خۇدا چوقۇم مەندىن رازى بولىدۇ، دۇئالىرىمنى ئاڭلايدۇ» دېگەنلىك خۇدانى ئۆزىگە قۇل قىلىش بىلەن باراۋەردۇر.

**25:43** ئەز. 36:22-38

26:43 **«مۇنازىرە قىلىشايلى، ئۆزۈڭنى ئاقلىغۇدەك گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن»** ــ دېمەك، ئەگەر سەن «ئۆزۈم پاك، سېنىڭ رەھىمدىللىقلىرىڭغا كېرەك ئەمەسمەن» دەپ قارىساڭ، ئۇنداقتا ئۆزۈڭنى ئاقلاشقا گەپ قىل!

**26:43** يەش. 1:18

27:43 **«بىرىنچى ئاتاڭ...»** ــ بەلكىم ئىسرائىلنىڭ ئەجدادى ياقۇپتۇر. **«بىسېنىڭ شەرھچىلىرىڭ...»** ــ ئۇلارنىڭ «شەرھچىلىرى» بولسا بەلكىم تۆۋەندىكى «مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى يېتەكچىلەر»، يەنى كاھىنلار ئىدى. دېمەك، ئۇلار باشتىن-ئاخىرغىچە، ھەتتا ئۆزلىرى تەرىپىدىن «ئالىيجاناب» دەپ ھېسابلانغان روھانىيلارمۇ گۇناھقا پېتىپ كەتكەنىدى.

28 شۇڭا مەن ئىبادەتخانامدىكى يېتەكلىگۈچىلەرنى ناپاك قىلىمەن،
ھەمدە ياقۇپنى ھالاك لەنىتىگە ئۇچراشقا،
ئىسرائىلنى رەسۋاچىلىقتا قالدۇرۇشقا بېكىتتىم.

## داۋامى

44 1 بىراق ھازىر، ئى ياقۇپ مېنىڭ قۇلۇم،
ئى مېنىڭ تاللىغىنىم ئىسرائىل، ئاڭلا! ــ
2 سېنى ياسىغان، بالىياتقۇدىن تارتىپلا سېنى شەكىللەندۈرگەن، ساڭا
ياردەمدە بولغۇچى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«قورقما، ئى مېنىڭ قۇلۇم ياقۇپ،
ئى مېنىڭ تاللىغىنىم «يەشۇرۇن»، قورقما!
3 چۈنكى مەن ئۇسساپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە سۇنى،
قاغجىراق يەرنىڭ ئۈستىگە كەلكۈنلەرنى قۇيۇپ بېرىمەن؛
نەسلىڭ ئۈستىگە روھىمنى،
پەرزەنتلىرىڭ ئۈستىگە بەرىكىتىمنى قۇيىمەن؛
4 ئۇلار يۇمران چۆپلەر ئارىسىدىن،
ئېرىق-ئۆستەڭلەر بويىدىكى مەجنۇن تاللاردەك ئۆسىدۇ؛
5 بىرسى: «مەن پەرۋەردىگارغا تەۋەمەن» ــ دەيدۇ،

---

28:43 **«مەن ئىبادەتخاندىكى يېتەكچىلەرنى ناپاك قىلىمەن»** ــ خەلق ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغۇچى بولغان بۇ كاھىنلار ئۆلۈككە تەگسىلا بىر ھەپتە «ناپاك» دەپ ھېسابلىنىپ، قۇربانلىق قىلىشقا سالاھىيەتسىز بولاتتى. شۇڭا، مۇشۇ گەپنىڭ مەنىسى بەلكىم: «سىلەر كۆپ ئۆلۈكلەرگە ئۇچرايسىلەر (دېمەك، بىر بالايىئاپەت چۈشىدۇ)، شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل مېنى بىزار قىلىدىغان مۇشۇ قۇربانلىقلارنى قىلالمايدىغان بولىدۇ». **«... ياقۇپنى ھالاك لەنىتىگە ئۇچراشقا، ئىسرائىلنى رەسۋاچىلىقتا قالدۇرۇشقا بېكىتتىم»** ــ قارىغاندا، ئىسرائىل ئۈچۈن ھېچقانداق ئۈمىد قالمىدى. بىراق 44-باب، 1-ئايەتنى كۆرۈڭ!

**1:44** يەش. 8:41؛ 5:43؛ يەر. 10:30؛ 27:46

**2:44** **«يەشۇرۇن»** ــ خۇدا ئىسرائىلغا قويغان بىر «لەقەم». مەنىسى «مېنىڭ دۇرۇس بولغۇچىم».

**3:44** يەش. 7:35؛ يو. 28،29:2؛ يـۇھ. 38:7؛ روس. 18:2

**يەنە بىرسى بولسا ياقۇپنىڭ ئىسمى بىلەن ئۆزىنى ئاتايدۇ؛**
**يەنە باشقا بىرسى قولى بىلەن: «مەن پەرۋەردىگارغا تەۋەمەن» دەپ يازىدۇ،**
**شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ ئىسمىنى ئۆزىنىڭ ئىسمىگە يانداش قوشىدۇ.**
**6 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى پەرۋەردىگار،**
**يەنى ئىسرائىلنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىسى، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«مەن بولسام تۇنجى ھەم ئاخىرىدۇرمەن؛**
**مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.**
**7 قېنى، كىم مېنىڭ قەدىمكى خەلقىمنى تىكلەپ بېكىتكىنىمدەك بىر ئىشنى جاكارلاپ، ئالدىنئالا بايان قىلىپ، ئاندىن ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا مەندەك تىكلەپ قويالايدۇ؟**
**قېنى، كىم كېيىنكى ئىشلارنى، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىنئالا بايان قىلالىسۇن!**
**8 قورقماڭلار، ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتمەڭلەر!**
**مەن ئىلگىرى مۇشۇلارنى سىلەرگە ئاڭلىتىپ، ئالدىن بايان قىلغان**

---

5:44 **«بىرسى: «مەن پەرۋەردىگارغا تەۋەمەن» ــ دەيدۇ... يەنە باشقا بىرسى قولى بىلەن: «مەن پەرۋەردىگارغا تەۋەمەن» دەپ يازىدۇ...»** ــ ھازىر خۇدانىڭ «سۈكۈت قىلغان» گۇۋاھچىلىرىنىڭ تىلى چىقىپ، گەپ قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن.

**6:44** يەش. 4:41؛ 12:48؛ ۋەھ. 17:1،8؛ 13:22

**7:44 «مېنىڭ قەدىمكى خەلقىم»** ــ خۇدانىڭ خەلقى ئىسرائىلدۇر.
—خۇدا ئاۋۋال مۇسا پەيغەمبەرگە: «مەن ياقۇپ جەمەتىدىكىلەرنى (يەنى ئىسرائىلنى) مىسىردىن قۇتقۇزىمەن، ئاندىن ئۇلار ماڭا تەۋە بىر خەلق بولىدۇ» ــ دەپ «جاكارلىغان». ئۇ ئىشلەتمەكچى بولغان قۇتقۇزۇش يولىنى ئاۋۋال مۇساغا ئۇقتۇرۇپ «بايان قىلغان»؛ ئاندىن ھەممە بايانلىرىغا ئەمەل قىلىپ ئۇلارنى يېڭى بىر خەلق بولۇشقا «تىكلەپ بېكىتكەن».
—بۇنى: «... قەدىمكى خەلقىمنى تىكلىگىنىمدىن تارتىپ...» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىنچىلىكىمۇ بار، بىراق بىزنىڭچە يۇقىرىقى تەرجىمىسى ئالدى-كەينىدىكى گەپلەرگە ماس كېلىدۇ. **«قېنى، كىم كېيىنكى ئىشلارنى، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىنئالا بايان قىلالىسۇن!»** ــ مەبۇدلار ئۇنداق قىلالايدىغان بولسا ئۆزىنىڭ «ئىلاھ» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە

**ئەمەسمۇ؟**
**مۇشۇ توغرۇلۇق سىلەر مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىمدۇرسىلەر.**
**مەندىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ بەرھەق، باشقا قورام تاش يوق؛ ھېچبىرىدىن**
**خەۋىرىم يوقتۇر.**
**9 ئويۇلغان مەبۇدنى شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ**
**ئەھمىيىتى يوق؛**
**ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىغان نەرسىلىرىنىڭ ھېچ پايدىسى يوقتۇر؛**
**مۇشۇلارغا بولغان «گۇۋاھچىلار» بولسا، ئۆزلىرى قارىغۇ، ھېچنېمىنى**
**بىلمەس؛**
**دەرۋەقە نەتىجىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە شەرمەندىلىكتۇر.**
**10 كىم بىر «ئىلاھ»نى شەكىللەندۈرگەن بولسا،**
**ھېچ پايدىسى يوق بىر مەبۇدنى قۇيغان، خالاس!**
**11 مەبۇدنىڭ بارلىق ھەمراھلىرى شەرمەندە بولىدۇ؛**
**مەبۇدنى ياسىغۇچىلار بولسا ئادەمدۇر، خالاس؛**
**ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرسۇن،**
**ئۇلار قورقۇشۇپ، شەرمەندىچىلىكتە قالىدۇ.**
**12 مانا تۆمۈرچى سايمانلىرىنى قولىغا ئېلىپ،**
**چوغلار ئۈستىدە مۇشۇ نەرسىنى بازغانلىرى بىلەن سوقۇپ**
**شەكىللەندۈرىدۇ؛**
**ئاندىن ئۇ كۈچلۈك قولى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشلەيدۇ؛**

---

**8:44 «مەن ئىلگىرى مۇشۇلارنى سىلەرگە ئاڭلىتىپ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەن ئىلگىرى مۇشۇلارنى ساڭا ئاڭلىتىپ...».

**8:44** قان. 4:39،35؛ 32:39؛ 1سام. 2:2؛ يەش. 45:21

**11:44 «ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرسۇن، ئۇلار قورقۇشۇپ، شەرمەندىچىلىكتە قالىدۇ»** ــ يەشايا پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنىڭ ئىككى مەنىسى بار بولۇشى مۇمكىن: ــ (ئا) ئۇلار پەقەت مۇشۇ مەبۇدنى بىرلىكتە ئوبدان كۆرۈپ باقسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەقلىقىنى ھېس قىلىپ خۇدادىن قورقۇپ شەرمەندە بولىدۇ؛ (ئە) قىيامەت كۈنىدە ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ ھېسابىنى تاپشۇرۇشى كېرەك؛ شۇ چاغدا ئۇلار قورقۇپ شەرمەندە بولىدۇ.

**11:44** زەب. 97:7؛ يەش. 1:29؛ 42:17؛ 45:16

بىراق ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرىدىن قالىدۇ؛
سۇ ئىچمەي ئۇ ھالسىزلىنىپ كېتىدۇ.
13 ياغاچچى بولسا ياغاچ ئۇستىگە ئۆلچەش يىپىنى تارتىدۇ؛
ئۇ قەلەم بىلەن ئۇستىگە ئەندىزە سىزىدۇ؛
ئۇنى رەندە بىلەن رەندىلەيدۇ؛
ئۇ يەنە پەركا بىلەن سىزىپ جىجايدۇ؛
ئاخىردا ئۇ ئۇنى ئادەمنىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشىتىپ ئىنسان تەقى-تۇرقىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيدە تۇرۇشقا تەييار قىلىنىدۇ.
14 مانا ئۇ بىر كۈنى ئۆزى ئۈچۈن كېدىر دەرەخلىرىنى كېسىشكە چىقىدۇ!
(ئۇ ئەسلىدە ئارچا ۋە دۇب دەرەخلىرىنى ئېلىپ ئۆزى ئۈچۈن ئورمانلىق ئارىسىغا تىكىپ چوڭ قىلغانىدى؛
ئۇ قارىغايمۇ تىككەنىدى، يامغۇر ئۇنى ئۈندۈردى).
15 مۇشۇ ياغاچلاردىن ئوتۇن ئېلىنىدۇ؛
بىرسى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، ئىسسىنىدۇ؛
مانا، ئۇ ئوت يېقىپ، نان يېقىۋاتىدۇ؛
ئۇ يەنە ئۇنىڭدىن ئېلىپ بىر ئىلاھنى ياسايدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ؛
ئۇنى ئويۇلغان مەبۇد قىلىپ ئۇنىڭغا باش ئۇرىدۇ.
16 دېمەك، يېرىمىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؛
يېرىمى بىلەن گۆش يەيدۇ؛
ئۇ كاۋاب قىلىپ قانغۇچە يەيدۇ؛
بەرھەق، ئۇ ئىسسىنىپ، ئۆز-ئۆزىگە: ــ
«ئاھ، راھەتلىنىپ ئىسسىندىمەن، ئوتنى كۆرۈۋاتىمەن!» ــ دەيدۇ.
17 بىراق قالغىنى بىلەن ئۇ بىر ئىلاھنى ياسايدۇ؛

---

**12:44** يەر. 3:10

**بۇ ئۇنىڭ مەبۇدى بولىدۇ؛**
**ئۇ ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ ئىبادەت قىلىدۇ؛**
**ئۇ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ: «مېنى قۇتقۇزغايسەن؛**
**چۈنكى سەن مېنىڭ ئىلاھىمدۇرسەن» ــ دەيدۇ.**
[18] **بۇ كىشىلەر ھېچ بىلمەيدۇ، ھېچ چۈشەنمەيدۇ؛**
**چۈنكى ئۇ ئۇلارنى كۆرمىسۇن دەپ كۆزلىرىنى،**
**ئۇلارنى چۈشەنمىسۇن دەپ كۆڭلىنى سۇۋاق بىلەن سۇۋىۋەتكەن.**
[19] **ئۇلاردىن ھېچبىرىدە مۇشۇلارنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ: ــ**
**«ياغاچنىڭ يېرىمىنى مەن ئوتتا كۆيدۈردۇم،**
**يېرىمىنىڭ چوغلىرى ئۈستىدە مەن نان ياقتىم؛**
**مەن كاۋاپمۇ قىلىپ يەۋالدىم؛**
**قالغىنىنى بىر لەنەتلىك نەرسە قىلامتىم؟**
**مەن بىر پارچە ياغاچقا باش ئۇرامتىم!» ــ دېگۈدەك ھېچ بىلىم ياكى يورۇتۇلۇش يوقتۇر.** [20] **ئۇنىڭ يېگىنى كۈللەردۇر!**
**ئۇنىڭ كۆڭلى ئېزىقتۇرۇلغان! ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ئازدۇردى!**
**شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزالمايدۇ،**
**ياكى: «مېنىڭ ئوڭ قولۇمدا بىر ساختىلىق بار ئەمەسمۇ؟» ــ دېيەلمەيدۇ.**

---

17:44 **«بىراق قالغىنى بىلەن ئۇ بىر ئىلاھنى ياسايدۇ؛ بۇ ئۇنىڭ مەبۇدى بولىدۇ»** ــ ئەسلىدە بۇ كىشى بۇتنى ياساش كويىدا ئەمەس ئىدى. تاسادىپىيلىقتىن ياغاچتىن ئېشىپ قالغىنىنى ئىشلىتىپ بۇت ياسايدۇ. ئەگ غەلىتە ئىش شۇكى، ئۇ يەشايا تەسۋىرلىگەندەك، ئۆزىنىڭ ئويلىمايلا قىلغان بىر نەرسىسگە، يەنى «تاسادىپىيلىقتىن» بولغان بىر نەرسىسگە ئىشىنىدۇ.

18:44 **«بۇ كىشىلەر ھېچ بىلمەيدۇ، ھېچ چۈشەنمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئۇلارنى كۆرمىسۇن دەپ كۆزلىرىنى ئۇلارنى چۈشەنمىسۇن دەپ كۆڭلىنى سۇۋاق بىلەن سۇۋىۋەتكەن»** ــ بۇ ئايەتتىكى «ئۇ» بولسا، ياكى خۇدانىڭ ئۆزى ياكى مۇشۇ بۇتنى كۆرسىتىدۇ. بۇتنى كۆرسەتسە، بۇتنىڭ كەينىدە بىر جىن-شەيتان بار دېمەكچى. بىزنىڭچە مۇشۇ مەنىسى ئېھتىمالغا يېقىن.
—بەزىلەر دەرۋەقە «بۇتپەرەسلەر ھېچ بىلمەيدۇ، ھېچ چۈشەنمەيدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلسىمۇ، يەنىلا تىلتۇمار قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ خۇدانى ھاقارەتلەيدۇ.

20:44 **«مېنىڭ ئوڭ قولۇمدا بىر ساختىلىق بار ئەمەسمۇ؟»** ــ «بىر ساختىلىق» مەبۇدنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

21 مۇشۇ ئىشلارنى ئېسىڭدە تۇت، ئى ياقۇپ،
ئى ئىسرائىل، چۈنكى سەن مېنىڭ قۇلۇمدۇرسەن؛
مەن سېنى ياساپ شەكىللەندۈردۈم؛
سەن مېنىڭ قۇلۇمدۇرسەن، ئى ئىسرائىل،
سەن مېنىڭ ئېسىمدىن ھېچ چىقمايسەن!
22 ئىتائەتسىزلىكلىرىڭنى بۇلۇتنى ئۆچۈرۈۋەتكەندەك،
گۇناھلىرىڭنى تۇماننى ئۆچۈرۈۋەتكەندەك ئۆچۈرۈۋەتتىم؛
مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەل؛
چۈنكى مەن سېنى ھەمجەمەتلىك قىلىپ ھۆرلۈككە سېتىۋالدىم.
23 ئى ئاسمانلار، ناخشا ئېيتىڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار شۇ ئىشنى
قىلغان! ئى يەرنىڭ تەگلىرى، شادلىنىپ، ياڭراڭلار!
ئى تاغلار، ئورمانلار ۋە ئۇلاردىكى ھەربىر دەرەخلەر،
ياڭرىتىپ ناخشىلار ئېيتىڭلار!
چۈنكى پەرۋەردىگار ياقۇپنى ھەمجەمەتلىك قىلىپ ھۆرلۈككە
سېتىۋالدى، ئۇ ئىسرائىل ئارقىلىق گۈزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ!».

## چوڭ قۇتقۇلۇش
## قورەش پادىشاھنىڭ ۋەزىپىسى

24 «سېنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىڭ بولغان، سېنى بالىياتقۇدا
ياساپ شەكىللەندۈرگەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
مەن بولسام ھەممىنى ياراتقۇچى، ئاسمانلارنى يالغۇز كەرگەنمەن،
ئۆز-ئۆزۈمدىنلا يەر-زېمىننى يايغان پەرۋەردىگاردۇرمەن؛
25 (ئۇ بولسا يالغان پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىنى بىكار قىلغۇچى،
پالچىلارنى قايمۇقتۇرغۇچى، دانالارنى يولىدىن ياندۇرغۇچى،
ئۇلارنىڭ بىلىملىرىنى نادانلىققا ئايلاندۇرغۇچى؛
26 ئۆز قۇلىنىڭ سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى، روسۇل-ئەلچىلىرىنىڭ

---

**24:44** ئايۇپ 8:9؛ زەب. 2:104؛ يەش. 22:40؛ 5:42؛ 12:45

**نەسىھەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلغۇچى، يېرۇسالېمغا: «سەن ئاھالىلىك بولىسەن»،**
**يەھۇدا شەھەرلىرىگە: «قايتىدىن قۇرۇلىسىلەر؛ خارابىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن» ــ دېگۈچى؛** [27] **چوڭقۇر دېڭىزغا: «قۇرۇق بول، دەريالىرىڭنى قۇرۇتىمەن» ــ دېگۈچى؛**
[28] **ھەم قورەش توغرىسىدا: «ئۇ مېنىڭ قوي پادىچىم، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، يېرۇسالېمغا: «قۇرۇلىسەن»، ھەم ئىبادەتخانىغا: «سېنىڭ ئۇلۇڭ سېلىنىدۇ» دەيدۇ» ــ دېگۈچىدۇر): ــ**

---

26:44 **«ئۆز قۇلىنىڭ سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى،...»** ــ «ئۆز قۇلى» مۇشۇ يەردە بەلكىم يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى؛ بولمىسا 42-بابتىكى «پەرۋەردىگارنىڭ ھەققانىي قۇلى». **«يېرۇسالېمغا: «سەن ئاھالىلىك بولىسەن»، يەھۇدا شەھەرلىرىگە: «قايتىدىن قۇرۇلىسىلەر؛ خارابىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن» ــ دېگۈچى»** ــ خۇدا مۇشۇ گەپلىرىدە، يەشايا پەيغەمبەر ئۆزىدىن كېيىنكى بىر دەۋر، يەنى يېرۇسالېم ۋە يەھۇدا شەھەرلىرى خارابىلىك بولغان بىر دەۋرگە قاراپ سۆز قىلىدۇ. مۇشۇ يەردە خۇدا يېرۇسالېمغا: «سېنى قايتىدىن قۇرغۇزىمەن» دەپ ۋەدە قىلىدۇ. شۇ يېڭى دەۋر بولسا يەشايادىن كېيىن 170 يىل ئەتراپىدا بولغان.
27:44 **«...چوڭقۇر دېڭىزغا: «قۇرۇق بول»، «دەريالىرىڭنى قۇرۇتىمەن» ــ دېگۈچى؛...»** ــ مۇشۇ سۆزلەر خۇدانىڭ «قىزىل دېڭىز»نى ھەم كېيىنرەك ئىئوردان دەرياسىنى قۇرۇتۇپ ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاخىرقى زاماندا بولىدىغان، ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ.
28:44 **«قورەش توغرىسىدا:...»** ــ ئاخىردا، يەشايا پەيغەمبەر يۇقىرىقى 41-باب، 1-7-ئايەتتە دېيىلگەن «تاجاۋۇزچى»نىڭ ئىسمىنىڭ «قورەش» ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، قورەش پادىشاھ پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540-529-يىللىرىدا تەختكە ئولتۇرغان. ئۇ يەشايانىڭ دەۋرىدىن تەخمىنەن 150 يىل كېيىن ياشىغان. **«ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، يېرۇسالېمغا: «قۇرۇلىسەن»، ھەم ئىبادەتخانىغا: «سېنىڭ ئۇلۇڭ سېلىنىدۇ» دەيدۇ» ــ دېگۈچىدۇر»** ــ مۇشۇ بېشارەت بويىچە قورەش پادىشاھ بابىل ئىمپېرىيەسى ۋەيران قىلغان يېرۇسالېمنى، جۈملىدىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرىدۇ. قورەش بابىل شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئادەمنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشى شۇكى، ئۇ بابىلدىكى بارلىق سۈرگۈن بولغانلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا رۇخسەت بەرگەن. ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان شۇكى، ئۇ ئىسرائىللارغا ئىبادەتخانىسىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش، قاچا-بۇيۇملىرىنى قايتۇرۇپ، ھەتتا ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزىنى قايتىدىن قۇرۇشقا پۇل بەرگەن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 536-يىلى). تەۋراتتىكى «ئەزرا» 1- ھەم 6-بابىنى كۆرۈڭ.

## داۋامى

45 [1] پەرۋەردىگار ئۆزى «مەسىھ قىلغىنى»غا،
يەنى ئەللەرنى ئۇنىڭغا بىقىندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى ئوڭ قولىدىن
تۇتۇپ يۆلىگەن قورەشكە مۇنداق دەيدۇ: ــ
(بەرھەق، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا پادىشاھلارنىڭ تامبىلىنى يەشتۈرۈپ
يالىڭاچلىتىمەن،
«قوش قاناتلىق دەرۋازىلار»نى ئۇنىڭ ئالدىدا ئېچىپ بېرىمەن،
شۇنىڭ بىلەن قوۋۇقلار ئەككىنچى ئېتىلمەيدۇ) ــ
[2] «مەن سېنىڭ ئالدىڭدا مېڭىپ ئېگىزلىكلەرنى تۈز قىلىمەن؛
مىس دەرۋازىلارنى چېقىپ تاشلايمەن،
تۆمۈر تاقاقلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىمەن؛
[3] ۋە ساڭا قاراڭغۇلۇقتىكى گۆھەرلەرنى،

---

1:45 **«پەرۋەردىگار ئۆزى «مەسىھ قىلغىنى»غا .... ئۆزى ئوڭ قولىدىن تۇتۇپ يۆلىگەن قورەشكە مۇنداق دەيدۇ: ـــ»** ــ «پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھ قىلغىنى» (ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھلىگىنى») ــ خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن ئىسرائىلغا يېڭى بىر پادىشاھ بىكىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا كاھىن ياكى پەيغەمبەر تەرىپىدىن زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ مۇراسىم «مەسىھ قىلىنىش» دېيىلەتتى؛ شۇ چاغدىن باشلاپ شۇ پادىشاھ «خۇدانىڭ مەسىھ قىلغىنى» دەپ ئاتىلاتتى. مۇشۇ ئاتالغۇنى قورەشكە قارىتا ئىشلەتكەندە خۇدا ئىسرائىللارغا: «ئۇ مەن سىلەر ئۈچۈن تاللاپ بېكىتكەن پادىشاھ بولىدۇ» دەيدۇ. بىراق يەشايا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىكىلەردىن كۆپ ئادەم: «قورەش يەھۇدىيلاردىن بولمايدۇ؛ شۇڭا ئۇ كەلگۈسىدە بىزنى بابىلدىن قۇتقۇزۇپ قويۇۋەتسىمۇ، بىز يەنىلا مەلۇم بىر ئىمپېرىيەگە بېقىندى بولۇۋېرىمىز» دەپ، مۇشۇ بېشارەتنى قەتئىي قوبۇل قىلمايتتى. ئۇلار يەنە: «خۇدانىڭ ئۆز ۋەدىسى بويىچە **داۋۇت پادىشاھنىڭ** بىر ئەۋلادى ئارقىلىق بىزنى قۇتقۇزۇشى كېرەك» ۋە «خۇدا بىزنى پۈتۈنلەي مۇستەقىل قىلىشى كېرەك» دېيىشى مۇمكىن. خۇدا دەرۋەقە ئۇلارغا شۇنداق ۋەدە بەرگەنىدى (مەسىلەن 7-، 9-، 32-بابلاردا) بىراق ئۇ ئاۋۋال قورەش ئارقىلىق يەھۇدىيلارنى بابىلدىن قۇتقۇزماقچى بولسا، مۇشۇ پىلانىدىن گۇمانلىنىش ياكى نارازى بولۇش ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانغا باراۋەر.
ـــتۆۋەندىكى (9-13-ئايەت) سىغىز لاينىڭ ئۆزىنى شەكىللەندۈرگۈچىسىگە «سەن مەندىن نېمە ياسايسەن؟!» دېگىنى دەل مۇشۇ كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيىسىدۇر. **«مەن ... «قوش قاناتلىق دەرۋازىلار»نى ئۇنىڭ ئالدىدا ئېچىپ بېرىمەن»** ــ قەدىمكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بابىل شەھىرىنىڭ داڭقى چىققان بىر «قوش قاناتلىق دەرۋازا»سى بار ئىدى. بابىل يىقىتىلغاندا، بۇ قوش قاناتلىق دەۋرازا قورەشكە ئېچىلدى.

**مەخپىي جايلاردا ساقلانغان يوشۇرۇن بايلىقلارنى بېرىمەن؛**
**شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە ئىسىم قويۇپ سېنى چاقىرغۇچىنى،**
**يەنى مەن پەرۋەردىگارنى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى دەپ بىلىپ يېتىسەن.**
4 **مەن ئۆز قۇلۇم ياقۇپ،**
**يەنى ئۆز تاللىغىنىم ئىسرائىل ئۈچۈن،**
**ئىسمىڭنى ئۆزۈم قويغان؛**
**سەن مېنى بىلمىگىنىڭ بىلەن، مەن يەنىلا ساڭا ئىسىم قويدۇم.**
5 **مەن بولسام پەرۋەردىگار، مەندىن باشقا بىرى يوق؛**
**مەندىن باشقا خۇدا يوقتۇر؛**
**سەن مېنى تونۇمىغىنىڭ بىلەن، مەن بېلىڭنى باغلاپ چىڭىتتىمكى،**
6 **كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى مەندىن باشقا ھېچقانداق بىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ يېتىدۇ؛**
**مەن بولسام پەرۋەردىگار، باشقا بىرى يوقتۇر.**
7 **نۇرنى شەكىللەندۈرگۈچى، قاراڭغۇلۇقنى ياراتقۇچىدۇرمەن،**
**بەخت-خاتىرجەملىكنى ياسىغۇچى، بالايىئاپەتنى ياراتقۇچىدۇرمەن؛**
**مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغۇچى مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن».**
8 **ــ «ئى ئاسمانلار، يۇقىرىدىن ياغدۇرۇپ بېرىڭلار،**
**بۇلۇتلارمۇ ھەققانىيلىق تۆكۈپ بەرسۇن؛**
**يەر-زېمىن ئېچىلسۇن؛**
**نىجات ھەم ھەققانىيلىق مېۋە بەرسۇن؛**

---

**3:45 «مەن... ساڭا قاراڭغۇلۇقتىكى گۆھەرلەرنى،... بېرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە ئىسىم قويۇپ سېنى چاقىرغۇچىنى، يەنى مەن پەرۋەردىگارنى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى دەپ بىلىپ يېتىسەن»** ــ دەرۋەقە، قورەشنىڭ قىلغان ئۇرۇشلىرى توسالغۇغا ئۇچرىماي ناھايىتى راۋان، ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تېز بولغان. شۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ نۇرغۇن مال-مۈلۈكلەرنى ئولجا قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن. بېشارەتتە مۇشۇ ئىشلار (قورەش ئۆزى بىلمىگەن ھالدا) خۇدانىڭ يوشۇرۇن ياردىمىدە قىلىنىدۇ، دېيىلىدۇ.
—قورەش ئۆزى توغرۇلۇق مۇشۇ بېشارەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ ھەقىقىي خۇدا، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدى.
**5:45** قان. 39:4،35؛ 39:32؛ يەش. 8:44

زېمىن ئىككىسىنى تەڭ ئۆستۈرسۇن!
مەن، پەرۋەردىگار، بۇنى ياراتماي قويمايمەن».

## ئىسرائىلنىڭ خۇدانىڭ قورەش ئارقىلىق قىلغانلىرىدىن نارازى بولۇپ گۇمانلىنىشلىرىغا خۇدانىڭ بەرگەن جاۋابى

[9] ــ «ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى بولغانغا ۋاي!
ئۇ يەر-زېمىندىكى چىنە پارچىلىرى ئارىسىدىكى بىر پارچىسى، خالاس!
سېغىز لاي ئۆزىنى شەكىللەندۈرگۈچى ساپالچىغا: ــ
«سەن نېمە ياساۋاتىسەن؟» دېسە،
ياكى ياسىغىنىڭ ساڭا: «سېنىڭ قولۇڭ يوق» دېسە بولامدۇ؟
[10] ئۆز ئاتىسىغا: «سەن نېمە تۇغدۇرماقچى؟»
ياكى بىر ئايالغا: ــ «سېنى نېمىنىڭ تولغىقى تۇتتى؟» ــ دەپ سورىغانغا ۋاي!
[11] ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى، يەنى ئۇنى ياسىغۇچى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ئەمدى كەلگۈسى ئىشلار توغرۇلۇق سورىماقچىمۇسىلەر يەنە؟
ئۆز ئوغۇللىرىم توغرۇلۇق، ئۆز قولۇمدا ئىشلىگىنىم توغرۇلۇق ماڭا بۇيرۇق بەرمەكچىمۇسىلەر!؟
[12] مەن يەقەتلا يەر-زېمىننى ياسىغان، ئۇنىڭغا ئىنساننى ياراتقۇچىدۇرمەن، خالاس!
ئۆز قولۇم بىلەن ئاسمانلارنى كەرگەن؛
ئۇلارنىڭ ساماۋى قوشۇنلىرىنىمۇ سەپكە سالغانمەن.
[13] مەن ئۇنى ھەققانىيلىق بىلەن تۇرغۇزغان،

---

**8:45 «ئى ئاسمانلار، يۇقىرىدىن ياغدۇرۇپ بېرىڭلار، بۇلۇتلارمۇ ھەققانىيلىق تۆكۈپ بەرسۇن؛ يەر-زېمىن ئېچىلسۇن»** ــ بۇ سۆزلەر بەلكىم ئىسرائىل ۋە دۇنيانىڭ (قورەش قىلغان ئىشلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە) خۇداغا ئىشىنىپ، ياخشى مېۋە بېرىش ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى بولۇشى كېرەك.

**9:45** يەر. 6:18؛ رىم. 20:9

**ئۇنىڭ بارلىق يوللىرىنى تۈز قىلدىم؛**
**ئۇ بولسا شەھىرىمنى قۇرىدۇ،**
**نە ھەق نە ئىنئام سورىماي ئۇ ماڭا تەۋە بولغان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىدۇ» ــ**
**دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.**
**14 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«مىسىرنىڭ مەھسۇلاتلىرى، ئېفىئوپىيەنىڭ ۋە ئېگىز بويلۇقلار بولغان سېبائىيلارنىڭ ماللىرى ساڭا ئۆتىدۇ؛**
**ئۇلار ئۆزلىرى سېنىڭكى بولىدۇ،**
**ساڭا ئەگىشىپ ماڭىدۇ؛**
**ئۆزلىرى كىشەن-زەنجىرلەنگەن پېتى سەن تەرەپكە ئۆتىدۇ،**
**ئۇلار ساڭا باش ئۇرۇپ سەندىن ئىلتىجا بىلەن ئۆتۈنۈپ: ــ**
**«بەرھەق، تەڭرى سەندە تۇرىدۇ، باشقا بىرى يوق، باشقا ھېچقانداق خۇدا يوقتۇر» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.**
**15 «ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، نىجاتكار، دەرھەقىقەت ئۆزىنى**

---

13:45 **«مەن ئۇنى ھەققانىيلىق بىلەن تۇرغۇزغان، ئۇنىڭ بارلىق يوللىرىنى تۈز قىلدىم»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۇنى»، «ئۇنىڭ»، «ئۇ» بولسا قورەش، ئەلۋەتتە. بېشارەت ئۇنىڭ ھېچ نېمىنى سورىمايلا بابىلدا سۈرگۈن بولغان يەھۇدىي خەلقنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتىدۇ.

**13:45** 2تار. 22:36؛ ئەزرا 1:1؛ يەش. 28:44؛ ئىبر. 10:11

14:45 **«مىسىرنىڭ مەھسۇلاتلىرى، ئېفىئوپىيەنىڭ ۋە ئېگىز بويلۇقلار بولغان سېبائىيلارنىڭ ماللىرى ساڭا ئۆتىدۇ؛ ئۇلار ...ساڭا ئەگىشىپ ماڭىدۇ؛ ئۆزلىرى كىشەن-زەنجىرلەنگەن پېتى سەن تەرەپكە ئۆتىدۇ»** ــ يۇقىرىقى ئايەتلەرگە قارىغاندا مۇشۇ ۋەقە قورەشنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرقى بىر نەتىجىسى بولۇشى كېرەك. ئېفىئوپىيە ۋە سابىيا (سېبا) ئەسلىدە مىسىرغا بېقىنغان بولۇپ، شۈبھىسىزكى، يەشايا يەنە «مىسىردىن چىقىش» دېگەن ۋەقەنى كۆزدە تۇتىدۇ. دېمەك، ئىسرائىلنى سۈرگۈن قىلغانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسرائىلغا بېقىندى بولماقچى بولىدۇ.

—بەزى شەرھچىلەر، مۇشۇ بېشارەتنى «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نىڭ ئەيسا مەسىھنى ئۆز قۇتقۇزغۇچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىسرائىلنىڭ «قالدىسى»ى بولغان ھەقىقىي جامائەتكە قوشۇلۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر كۆزقاراش بولسا، مۇشۇ ئىشلار ئاخىرقى زاماندا يەھۇدىيلار خۇدانىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن يۈز بېرىدۇ، دەيدۇ. بىزنىڭچە ھەر ئىككىسىنىڭ توغرىلىقى بار.

يوشۇرۇۋالغۇچى بىر تەڭرىدۇرسەن!».

16 ئۇلار ھەممىسى ئىستىسناسىز خىجىل بولۇپ، شەرمەندە بولىدۇ؛
مەبۇدنى ياسىغانلار شەرمەندە بولۇپ، بىرلىكتە كېتىپ قالىدۇ؛

17 ئىسرائىل بولسا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك نىجات-قۇتۇلۇش
بىلەن قۇتقۇزۇلىدۇ؛
ئەبەدىلئەبەدگىچە خىجىل بولمايسىلەر،
ھېچ شەرمەندىچىلىكنى كۆرمەيسىلەر.

18 چۈنكى ئاسمانلارنى ياراتقان، يەر-زېمىننى شەكىللەندۈرۈپ ياسىغان،
ئۇنى مەزمۇت قىلغان خۇدا بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
(ئۇ ئۇنى قۇرۇق-مەنىسىز بولۇشقا ئەمەس، بەلكى ئادەمزاتنىڭ
تۇرالغۇسى بولۇشقا ياراتقانىدى)
«مەن بولسام پەرۋەردىگار، باشقا بىرى يوقتۇر؛

19 ــ مەن مەخپىي ھالدا ياكى زېمىندىكى بىرەر قاراڭغۇ جايدا سۆز
قىلغان ئەمەسمەن؛
مەن ياقۇپقا: «مېنى ئىزدىشىڭلار بىھۇدىلىك» دېگەن ئەمەسمەن؛
مەن پەرۋەردىگار ھەق سۆزلەيمەن،

---

15:45 **«ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، نىجاتكار، دەرھەقىقەت ئۆزىنى يوشۇرۇۋالغۇچى بىر تەڭرىدۇرسەن!»** ــ مۇشۇ سۆز بەلكىم ئىسرائىللارنىڭ خۇدانىڭ سىرلىق يوللىرىغا، يەنى «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نىڭ ئۆزلىرىگە بېقىنغانلىقىغا قاراپ ھەيران قېلىپ دېگەن گېپىدۇر.

**16:45** يەش. 11:44

17:45 **«ئۇلار ھەممىسى ئىستىسناسىز خىجىل بولۇپ، شەرمەندە بولىدۇ؛ مەبۇدنى ياسىغانلار شەرمەندە بولۇپ، بىرلىكتە كېتىپ قالىدۇ؛ ئىسرائىل بولسا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك نىجات-قۇتۇلۇش بىلەن قۇتقۇزۇلىدۇ....»** ــ مۇشۇ سۆزلەرگە (16-17-ئايەتلەرگە) قارىغاندا، كىشىلەر كەلگۈسىدە مۇتلەق ئىككى خىلغا، يەنى خۇداغا تايىنىپ ئىتائەت قىلىدىغانلارغا ۋە بۇتلارغا باش ئۇرىدىغانلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

**18:45** يەش. 5:42؛ 5،14:45

**تۇز گەپ قىلىمەن؛**
**[20] يىغىلىڭلار، كېلىڭلار؛**
**ئى ئەللەردىن قاچقانلار، جەم بولۇپ ماڭا يېقىنلىشىڭلار؛**
**ئۆزى ئويغان بۇتنى كۆتۈرۈپ، ھېچ قۇتقۇزالمايدىغان بىر «ئىلاھ»قا دۇئا قىلىپ يۈرىدىغانلارنىڭ بولسا ھېچ بىلىمى يوقتۇر.**
**[21] ئەمدى ئۇلار ئۆز گەپلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن يېقىن كەلسۇن؛**
**مەيلى، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ باقسۇن!**
**كىم مۇشۇ ئىشنى قەدىمدىنلا جاكارلىغاندى؟**
**كىم ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى بايان قىلغان؟**
**ئۇ مەن پەرۋەردىگار ئەمەسمۇ؟**
**دەرۋەقە، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛**
**ھەم ئادىل خۇدا ھەم قۇتقۇزغۇچىدۇرمەن؛**

---

19:45 **«مەن پەرۋەردىگار ھەق سۆزلەيمەن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مەن پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقنى سۆزلەيمەن». **«مەن ياقۇپقا: «مېنى ئىزدىشىڭلار بىھۇدىلىك» دېگەن ئەمەسمەن؛ مەن پەرۋەردىگار ھەق سۆزلەيمەن، تۈز گەپ قىلىمەن»** ــ مۇشۇ ئايەت بەلكىم 15-ئايەتتىكى «ئۆزىنى يوشۇرۇۋالغۇچى خۇدادۇرسەن» دېگىنىگە قارىتا ئېيتقان سىلىق بىر تەنبىھ بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كۆرگىنىمىزدەك، خۇدا ئاللىبۇرۇن (بولۇپمۇ يەشايا ئارقىلىق) ئۆزىنىڭ قۇتقۇلۇش-نىجاتلىقنى «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى ئارقىلىق» پۈتكۈل دۇنياغا سۇنماقچى بولغانلىقنى كۆپ قېتىم ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتقان!

**19:45** قان. 11:30

20:45 **«ئەللەردىن قاچقانلار»** ــ ئۇلارنىڭ نېمىدىن قاچقانلىقى مۇشۇ يەردە دېيىلمىدى. بىراق 24-ئايەتكە قارىغاندا، ئىنسانىيەت (ئاخىرقى زاماندا) ئىككى قىسىمغا، يەنى خۇداغا تايانغانلار ھەم خۇداغا ئۆچ بولغانلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن خۇداغا ئۆچ بولغانلار خۇدانى سۆيگەنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭدىن سىرت خۇداغا ئىشەنگەنلەر: «خۇدانىڭ جازاسى خۇداسىزلارنىڭ بېشىغا چۈشەي دەپ قالدى» ــ دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قېچىشىمىز كېرەك دەپ ئويلايدىغان بولسا كېرەك.

**20:45** يەش. 18،19:44

**مەندىن باشقا بىرى يوقتۇر.**
**22 ئى يەر-زېمىننىڭ چەت-ياقىلىرىدىكىلەر،**
**ماڭا تەلپۈنۈپ قۇتقۇزۇلۇڭلار!**
**چۈنكى مەن تەڭرىدۇرمەن، باشقا ھېچبىرى يوقتۇر؛**
**23 مەن ئۆزۈم بىلەن قەسەم ئىچكەنمەن،**
**مۇشۇ سۆز ھەققانىيلىق بىلەن ئاغزىمدىن چىقتى، ھەرگىز قايتمايدۇ: —**
**«ماڭا بارلىق تىزلار پۈكۈلىدۇ،**
**بارلىق تىللار ماڭا ئىتائەت ئىچىدە قەسەم ئىچىدۇ».**
**24 شۇ چاغدا: «ھەققانىيلىق ۋە كۈچ بولسا پەقەت پەرۋەردىگاردىدۇر» — دېيىلىدۇ،**
**كىشىلەر دەل ئۇنىڭلا قېشىغا كېلىدۇ؛**
**غالجىرلىشىپ، ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى شەرمەندە بولىدۇ.**
**25 ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ھەققانيي قىلىنىدۇ،**
**ۋە ئۇلار ئۇنى داڭلىشىدۇ.**

---

21:45 **«كىم مۇشۇ ئىشنى قەدىمدىنلا جاكارلىغانىدى؟»** — «مۇشۇ ئىش» شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇشى بىلەن، ئۇ «يەھۇدىي ئەمەس»لەرگە قۇتقۇزۇلۇش يۈرستىنى، شۇنداقلا ئىسرائىل بىلەن بىللە بەختلىك بولۇش ئىمكانىيىتىنى تەڭ يەتكۈزىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (22-24-ئايەت).

**21:45** يەش. 27:41، 26، 22؛ 10:43، 9؛ 18:45، 14، 5

**23:45** رىم. 11:4؛ فىل. 10:2

24:45 **«شۇ چاغدا: «ھەققانىيلىق ۋە كۈچ بولسا پەقەت پەرۋەردىگاردىدۇر» — دېيىلىدۇ، ... غالجىرلىشىپ، ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى شەرمەندە بولىدۇ»** — يەنە كۆرىمىزكى، دۇنيا ئىككى بۆلۈمگە ئايرىلىدىغان ئوخشايدۇ. بىرى بولسا، غالجىرلىشىپ خۇداغا مۇتلەق قارشى تۇرىدىغانلار؛ ئىككىنچىسى، ئىسرائىل، جۈملىدىن ئۆزلىرىگە بېقىنىپ، ئۇلار بىلەن بىر بولغان، ئىسرائىل بىلەن بىللە قۇتقۇزۇلغان يەھۇدىي ئەمەسلەر بولىدۇ.

**24:45** يەش. 11:41

## بابىلدىكى بۇتلارنىڭ ئاقىۋىتى ـ ئۇلاغلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ كېتىدۇ خۇدا بولسا ئۆز خەلقىنى كۆتۈرىدۇ!

46 [1] بەل بولسا تىز پۈكتى، نىبو ئېڭىشىۋاتىدۇ؛
ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلاغلارنىڭ زىممىسىگە، كاللارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى؛
سىلەر كۆتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار ئەمدى ئۇلاغلارغا ئارتىلغان بولۇپ،
هالسىز ئۇلاغلارغا ئېغىر يۈك بولىدۇ!
[2] ئۇلار ئېڭىشىدۇ، بىرلىكتە تىز پۈكىشىدۇ؛
ئۇلار مۆشۈ يۈكنى قۇتقۇزالمايدۇ،
بەلكى ئۆزلىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ.
[3] ئى ياقۇپنىڭ جەمەتى، شۇنداقلا ئىسرائىل جەمەتىنىڭ قالدىسى،
ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىن تارتىپ ئۈستۈمگە ئارتىلغانلار،
بالىياتقۇدىكى چاغدىن تارتىپ كۆتۈرۈلۈپ كەلگەنلەر،
ماڭا قۇلاق سېلىڭلار!

---

1:46 **«بەل»** ــ بابىلنىڭ «باش بۇت»ى، «نىبو» ئۇنىڭ «ئوغلى» ئىدى. مۆشۈ بېشارەتتە يەشايا پەيغەمبەر بابىل شەھىرى دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشكەندە، خەقلەر بۇتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقا بىر يۇرتقا يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى ئالدىن ئالا كۆرىدۇ. شۇ جەرياندا بۇتلارنى يەرگە قويۇش كېرەك بولغاچقا، پەيغەمبەر «بەلنىڭ تىز پۈككەنلىكىنى، نىبونىڭ ئېڭىشىۋاتقانلىقى»نى كۆرۈپ مازاق قىلىدۇ. **«ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلاغلارنىڭ زىممىسىگە، كاللارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى...»** ــ بۇتلار ئۇلاغنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندەك قىلىدۇ. **«سىلەر كۆتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار»** ــ بابىلدىكى دىنىي مۇراسىملاردا، پۇقرالارنىڭ بۇتلارنى كۆتۈرۈپ كوچىلارنى ئايلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئەسلىدە بابىللىقلار هۆرمەت بىلەن «كۆتۈرگەن نەرسىلەر» هازىر ئاددىي بوغچىلاردەك ئۇلاغلارغا ئارتىلدى.
2:46 **«ئۇلار ، يەنى بابىللىقلار ياكى ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرى ئېڭىشىدۇ، بىرلىكتە تىز پۈكىشىدۇ؛ ئۇلار مۆشۈ يۈكنى قۇتقۇزالمايدۇ،...»** ــ دېمەك، بۇتلار ئادەم ياكى ئۇلاغلارغا يۈك بولغان ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمايلا قالماي، بەلكى ئۇلاغلارنىمۇ هالسىزلاندۇرىدۇ.
3:46 **«ئى ياقۇپنىڭ جەمەتى، ... ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىن تارتىپ ئۈستۈمگە ئارتىلغانلار، بالىياتقۇدىكى چاغدىن تارتىپ كۆتۈرۈلۈپ كەلگەنلەر...»** ــ هەقىقىي خۇدا ئادەمنىڭ كۆتۈرۈشىگە موهتاج ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۆز خەلقىگە غەمخورلۇق قىلىپ ئۇلارنى كۆتۈرىدۇ

4 سىلەر قېرىغۇچىمۇ مەن يەنىلا شۇنداقتۇرمەن،
چېچىڭلار ئاقارغۇچىمۇ مەن سىلەرنى يۈدۈپ يۈرىمەن؛
سىلەرنى ياسىغان مەندۇرمەن، سىلەرنى كۆتۈرىمەن؛
سىلەرنى يۈدۈپ قۇتقۇزىمەن.
5 ئەمدى مېنى كىمگە ئوخشاتماقچى،
ياكى كىمنى ماڭا تەڭ قىلماقچىسىلەر؟
ئۇنى ماڭا ئوخشاش دەپ،
سىلەر كىمنى مەن بىلەن سېلىشتۇرماقچىسىلەر؟
6 ئۇلار بولسا ھەميانىدىن ئالتۇننى چېچىپ بېرىپ،
كۈمۈشنىمۇ تارازىغا سالىدۇ،
بىر زەرگەرنى ياللىۋالىدۇ،
ئۇ بىر مەبۇدنى ياساپ بېرىدۇ؛
ئۇلار يىقىلىدۇ، دەرۋەقە چوقۇنىدۇ!
7 ئۇلار ئۇنى مۈرىسىگە ئارتىدۇ،
ئۇنى كۆتۈرۈپ، ئۆز ئورنىغا قويىدۇ؛
ئاندىن ئۇ ئاشۇ يەردە ئۆرە تۇرىدۇ؛
ئۇ ئورنىدىن قوزغىلالمايدۇ؛
بىرسى ئۇنىڭغا يېلىنىپ تىلەيدۇ،
لېكىن ئۇ جاۋاب بەرمەيدۇ؛
ئۇ كىشىنى ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتقۇزمايدۇ.
8 مۇشۇ ئىشلارنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار؛
شۇنداقلا ئۆزۈڭلارنى ھەقىقىي ئەركەكلەردەك كۆرسىتىڭلار؛
ئى، ئىتائەتسىزلەر، بۇنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار؛
9 ئىلگىرىكى ئىشلارنى، يەنى قەدىمدىن بولغان ئىشلارنى ئېسىڭلارغا
كەلتۈرۈڭلار؛ چۈنكى مەن تەڭرىدۇرمەن، باشقا بىرى يوقتۇر؛

**5:46** يەش. 18:40، 25

**7:46** يەش. 20:45

**مەن خۇدادۇرمەن، ماڭا ئوخشاشلار يوقتۇر؛**
**[10] مەن: «مېنىڭ بېكىتكىنىم ئورۇنلىنىدۇ،**
**كۆڭلۈمگە ياقىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي قويمايمەن» دەپ،**
**ئىشنىڭ نەتىجىسىنى باشتىلا،**
**ئالدىنئالا تېخى قىلىنمىغان ئىشلارنى ئايان قىلىپ ئېيتقۇچىدۇرمەن؛**
**[11] كۈنچىقىشتىن يىرتقۇچ بىر قۇشنى،**
**يەنى كۆڭلۈمگە پۈككىنىمنى ئادا قىلغۇچى بىر ئادەمنى يىراق يۇرتتىن چاقىرغۇچىدۇرمەن.**
**بەرھەق، مەن سۆز قىلغان، بەرھەق، مەن ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن؛**
**بۇنى نىيەت قىلغانمەن، بەرھەق، مەن ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن.**
**[12] ئى ھەققانىيلىقتىن يىراق كەتكەن جاھىللار،**
**ماڭا قۇلاق سېلىڭلار: —**
**[13] مەن ھەققانىيلىقىمنى يېقىن قىلىمەن، ئۇ يىراقلاشمايدۇ؛**
**شۇنىڭدەك مېنىڭ نىجاتىم ھەم كېچىكمەيدۇ؛**
**مەن زىئونغا نىجات يەتكۈزۈپ،**
**ئىسرائىلغا جۇلالىق-گۈزەللىكىمنى تىكلەپ بېرىمەن».**

---

**9:46** يەش. 5:45، 14، 18، 21، 22؛ 12:48

**10:46** زەب. 11:33؛ پەند. 21:19؛ 30:21؛ ئىبر. 17:6

**11:46 «كۈنچىقىشتىن يىرتقۇچ بىر قۇشنى ...يىراق يۇرتتىن چاقىرغۇچىدۇرمەن...»** — «يىرتقۇچ بىر قۇش» قورەشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئەشەددىيلىكىنى خۇدا ئىسرائىلدىن يوشۇرمايدۇ.

**12:46 «ھەققانىيلىقتىن يىراق كەتكەن جاھىللار»** — خۇدا يۇقىرىدا يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق 41:2-3، 25؛ 44:24-45:11دە ئىسرائىللارنى بابىلدىن كەلگۈسىدىكى «قورەش» دېگەن بىر پادىشاھ ئارقىلىق قۇتقۇزىمەن، دەپ جاكارلىغان. «جاھىللار» بولسا خۇدانىڭ بۇ «قورەش پىلان»نى ياقتۇرمايدىغان ئىسرائىللارنى كۆرسەتسە كېرەك؛ ئۇلارنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقى بولسا قورەش يەھۇدىي ئەمەس، بەلكى پارس بولغانلىقى ئۈچۈن بولىدۇ.

**13:46 «مەن ھەققانىيلىقىمنى يېقىن قىلىمەن، ئۇ يىراقلاشمايدۇ؛ شۇنىڭدەك مېنىڭ نىجاتىم ھەم كېچىكمەيدۇ؛ مەن زىئونغا نىجات يەتكۈزۈپ... بېرىمەن»** — خۇدا يەنىلا مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسىتىپ، ھەتتا «جاھىللار»غىمۇ قورەشنىڭ ئىشلىرى ئارقىلىق نىجاتقا ئېرىشىشتىكى پۇرسەتنى كەلتۈرىمەن، دەيدۇ.

## ئىسرائىلنى سۈرگۈن قىلغان بابىل تۆگەشتى!

47 [1] «ئى بابىلنىڭ پاك قىزى، كېلىپ توپا-چاڭغا ئولتۇر؛
ئى كالدىيلەرنىڭ قىزى، تەختسىز بولۇپ يەرگە ئولتۇر!
چۈنكى سەن «لاتاپەتلىك ۋە نازۇك» دەپ ئىككىنچى ئاتالمايسەن.
[2] «تۈگمەن تېشىنى چۆرۈپ، ئۇن تارت ئەمدى،
چۈمپەردەڭنى ئېچىپ تاشلا،
كۆڭلىكىڭنى سىلىۋەت،
پاچىقىڭنى يالىڭاچلا،
دەريالاردىن سۇ كېچىپ ئۆت؛
[3] ئۇياتلىقىڭ ئېچىلىدۇ؛
بەرھەق، نومۇسۇڭغا تېگىلىدۇ؛
مەن ئىنتىقام ئالىمەن،
ھېچكىم مېنى توسمايدۇ.
[4] بىزنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىمىز بولسا،
«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» ئۇنىڭ نامى؛
ئۇ ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىدۇر.
[5] ئى كالدىيلەرنىڭ قىزى، سۈكۈت قىلىپ جىم ئولتۇر،
قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كەت؛

---

**1:47** يەش. 5:26

**2:47 «تۈگمەن تېشىنى چۆرۈپ، ئۇن تارت ئەمدى، چۈمپەردەڭنى ئېچىپ تاشلا، كۆڭلىكىڭنى سىلىۋەت، پاچىقىڭنى يالىڭاچلا، ...»** — دېمىسەكمۇ، مۇشۇ ئىشلار ئەسىرگە چۈشۈشتىكى ئالامەتلەر. ھەم بابىللىقلار، ھەم پارسلار ئۆز ئەسىرلىرىگە رەھىمسىزلىك قىلىپ ئۇلارنى يالىڭاچ مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى.

**3:47 «ھېچكىم مېنى توسمايدۇ»** — ياكى «ھېچكىمنى ئاياپ قويمايمەن».

**3:47** يەش. 17:3؛ ناھ. 5:3

**4:47 «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»** — كونا ئىسرائىلدا «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» (گوئېل) نىڭ يەنە قىلىدىغان بىر ئىشى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن جەمەتىدىكىلەر ئۈچۈن ئادالەتنى يۈرگۈزۈش ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بىرسى قاتىللىق قەستىگە ئۇچرىغان بولسا، «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»نىڭ قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى ھەم ۋەزىپىسى بار ئىدى.

چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى «سەلتەنەتلەرنىڭ خانىشى» دەپ ئاتالمايسەن.
6 مەن ئۆز خەلقىمدىن غەزەپلەندىم،
شۇڭا ئۆزۈمنىڭ مىراسىمنى بۇلغىۋەتتىم،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قولۇڭغا تاپشۇرۇپ بەردىم؛
سەن بولساڭ ئۇلارغا ھېچقانداق رەھىم كۆرسەتمىدىڭ؛
ياشانغانلارنىڭ ئۈستىگىمۇ بويۇنتۇرۇقلارنى ئىنتايىن ئېغىر قىلىپ سالدىڭ؛
7 شۇنىڭ بىلەن سەن: ــ
«مەن مەڭگۈگە خانىش بولىمەن» دەپ،
مۇشۇ ئىشلارنى كۆڭلۈڭدىن ھېچ ئۆتكۈزمىدىڭ؛
ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ھېچ ئويلاپ باقمىدىڭسەن.
8 ئەمدى ھازىر، ئى ئەندىشىسىز ياشاپ كەلگۈچى،
ئۆز-ئۆزىگە: «مەنلا باردۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچكىم يوقتۇر،
مەن ھەرگىز تۇل ئايالنىڭ جاپاسىنى ياكى بالىلاردىن مەھرۇم بولۇشنىڭ جاپاسىنى تارتمايمەن» ــ دېگۈچى،
ئى سەن ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلگۈچىسەن،
شۇنى ئاڭلاپ قوي: ــ
9 «دەل مۇشۇ ئىككى ئىش،
بالىلاردىن مەھرۇم بولۇش ۋە تۇللۇق ــ

---

5:47 **«قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كەت»** ــ «قاراڭغۇلۇق» بەلكىم زىنداندىكى قاراڭغۇلۇقنى بىلدۈرىدۇ.
6:47 **«ئۆزۈمنىڭ مىراسىم»** ــ خۇدا ئۆزىنىڭ خەلقىنى ئۆزى ئۈچۈن مىراس دەپ ھېسابلايدۇ.
**7:47** ۋەھ. 7:18
**8:47 «ئەمدى ھازىر، ئى ئەندىشىسىز ياشاپ كەلگۈچى، ئۆز-ئۆزىگە: «مەنلا باردۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچكىم يوقتۇر.. دېگۈچى، ... شۇنى ئاڭلاپ قوي: ـــ»** ــ خۇدا ئۆز خەلقىگە «تەربىيە جازاسى»نى بەرمەكچى بولۇپ، ئۇلارنى بابىلنىڭ رەھىمسىز قولىغا تاپشۇرۇشى بىلەن، بابىللىقلارمۇ ئۆز رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن جازاغا ئۇچرىماي قالمايدۇ.
—بابىلنىڭ: «مەنلا باردۇرمەن، مەندىن باشقا بىرى يوقتۇر» دېگىنى، باشقىلارغا پۈتۈنلەي «پەرۋايىم پەلەك» دېگەنلىك ھەم «مەن ئالەمدە يەككە-يېگانە» دېگەن تەكەببۇرلۇقتۇر.

**بىر دەقىقىدە، بىر كۈن ئىچىدىلا بېشىڭغا تەڭ چۈشىدۇ؛**
**نۇرغۇنلىغان جادۇگەرلىكلىرىڭ تۈپەيلىدىن،**
**بەك كۆپ ئەپسۇنلىرىڭ ئۈچۈن ئۇلار تولۇق بېشىڭغا كېلىدۇ.**
**[10] چۈنكى سەن ئۆزۈڭنىڭ رەزىللىكىڭگە تايانغانسەن،**
**سەن «ھېچكىم مېنى كۆرمەيدۇ» ــ دېدىڭ؛**
**سېنىڭ دانالىقىڭ ۋە بىلىمىڭ ئۆزۈڭنى ئېزىقتۇرۇپ،**
**سەن كۆڭلۈڭدە: ــ «مەنلا باردۇرمەن، مەندىن باشقا بىرى يوقتۇر» ــ دېدىڭ.**
**[11] بىراق بالايىئاپەت سېنى بېسىپ كېلىدۇ؛**
**سەن ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلمەيسەن؛**
**ھالاكەت بېشىڭغا چۈشىدۇ؛**
**سەن ھېچقانداق «ھامىي پۇلى» بىلەن ئۇنى توسالمايسەن؛**
**سەن ھېچ كۈتمىگەن ۋەيرانچىلىق تۇيۇقسىز سېنى بېسىپ چۈشىدۇ.**
**[12] ئەمدى قېنى، ياشلىقىڭدىن تارتىپ ئۆزۈڭنى ئۇپرىتىپ كەلگەن ئەپسۇنلىرىڭنى،**
**شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان جادۇگەرلىكلىرىڭنى ھازىر ئوقۇپ تۇرىۋەر؛**
**كىم بىلسۇن، سەن ئۇلاردىن پايدا كۆرۈپ قالامسەن؟**
**بىرەر نېمىنى تەۋرىتىپ قويالارسەن ھەرقاچان؟!**
**[13] سەن ئالغان مەسلىھەتلىرىڭ بىلەن ھالسىزلىنىپ كەتتىڭ؛**
**ئەمدى ئاسمانلارغا قاراپ تەبىر بەرگۈچىلەر،**
**يۇلتۇزلارغا قاراپ پالچىلىق قىلغۇچىلار،**
**يېڭى ئايلارنى كۆزىتىپ مۆنەججىملىك قىلىپ ئىشلارنى «ئالدىنئالا ئېيتقۇچىلار» ئورنىدىن تەڭ تۇرۇپ بېشىڭغا چۈشىدىغانلاردىن سېنى**

---

**9:47** يەش. 19:51

10:47 **«سېنىڭ دانالىقىڭ ۋە بىلىمىڭ ئۆزۈڭنى ئېزىقتۇرۇپ، سەن كۆڭلۈڭدە: ــ «مەنلا باردۇرمەن، مەندىن باشقا بىرى يوقتۇر» ــ دېدىڭ»** ــ يۇقىرىقى (8-ئايەتتىكى) «مەنلا باردۇرمەن، مەندىن باشقا بىرى يوقتۇر» دېگەن، باشقىلارغا «پەرۋايىم پەلەك» دېگەنلىك. مۇشۇ يەردە بولسا «خۇداغىمۇ پەرۋايىم پەلەك» دېگەنلىك.

**قۇتقۇزسۇن!**
**14 مانا، ئۇلار پاخالدەك بولۇپ كېتىدۇ؛**
**ئوت ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؛**
**ئۇلار ئۆزلىرىنى يالقۇننىڭ قولىدىن قۇتقۇزالمايدۇ؛**
**بىراق ئۇلاردا ئادەمنى ئىسسىتقۇدەك ھېچ كۆمۈر،**
**ياكى ئادەم ئىسسىنغۇدەك ھېچ گۈلخان يوقتۇر!**
**15 سېنى ئاۋارە قىلغان،**
**ياشلىقىڭدىن تارتىپ سەندە سودا قىلغانلار ساڭا مۇشۇنداق پايدىسىز بولىدۇ؛**
**ھەربىرى ئۆز يولىنى ئىزدەپ كېتىپ قالىدۇ؛**
**سېنى قۇتقۇزغۇدەك ھېچكىم يوقتۇر.**

---

14:47 **«مانا، ئۇلار پاخالدەك بولۇپ كېتىدۇ؛ ئوت ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرىنى يالقۇننىڭ قولىدىن قۇتقۇزالمايدۇ؛ بىراق ئۇلاردا ئادەمنى ئىسسىتقۇدەك ھېچ كۆمۈر... يوقتۇر!»** ــ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەلكىم، ھەقىقىي خۇدانىڭ غەزىپى كۈچلۈك ھەم ئوتلۇق؛ ئاتالمىش «بۇتلارنىڭ غەزىپى»نىڭ بولسا، ئادەمنى ئىسسىتقۇدەكمۇ ئوتى يوق؛ باشقا مەنىسى بار دېيىلسە: ــ مۇشۇ پالچىلار ھېچنېمىگە يارىمايدۇكى، ھەتتا (خۇدانىڭ جازاسى بىلەن) كۆيدۈرۈلگەن ۋاقتىتىمۇ ئادەمنى ئىسسىتقۇدەك ھارارىتى بولمايدۇ.
15:47 **«سېنى ئاۋارە قىلغان، ياشلىقىڭدىن تارتىپ سەندە سودا قىلغانلار ساڭا مۇشۇنداق پايدىسىز بولىدۇ؛ ھەربىرى ئۆز يولىنى ئىزدەپ كېتىپ قالىدۇ...»** ــ بابىلدا پال سېلىش، سېھىرگەرلىك قاتارلىق خۇراپىيلىقلار بەلكىم «ئەڭ چوڭ سودا» بولۇشى مۇمكىن. بىراق بېشارەت بويىچە پالچىلار خېرىدارلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ باشقا يۇرتلارغا يول ئالماقچى بولىدۇ.
—ئارخېئولوگلار كونا بابىل شەھىرىدىن قازغان ئاسارئەتىقىلەر ئىچىدىن نۇرغۇن «پالنامىلەر» ھەم «رەممالنامىلەر» تېپىلدى. بىراق بۇلاردىن ھېچقايسىسىدىن «بابىل ۋەيران بولىدۇ» دېگەن بېشارەتنى تاپقىلى بولمايدۇ؛ ھەممىسى «كېلەچىكىڭ پارلاق» دېگەندەك سۆزلەردۇر (ئەمەلىيەتتە بارلىق پالچىلىق شۇنداق ئەمەسمۇ؟!).
**15:47** ۋەھ. 16:17

## ئىسرائىلنىڭ جاھىللىقى: ــ ئۇلار بابىلدىن قۇتقۇزۇلغىنى بىلەن، گۇناھلىرىدىن ساقىت بولمايدۇ

48 [1] ئى ياقۇپنىڭ جەمەتى، «ئىسرائىل»نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانلار،
«يەھۇدا بۇلاقلىرى»دىن چىققانسىلەر،
پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى ئىشلىتىپ قەسەم قىلغۇچىسىلەر،
ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنى تىلغا ئالغۇچىسىلەر،
بىراق بۇلار ھەقىقەت ھەم ھەققانىيلىقتىن ئەمەس!
مۇنۇلارنى ئاڭلاپ قويۇڭلار: ــ
[2] (چۈنكى ئۇلار «مۇقەددەس شەھەر»نىڭ نامىنى ئىشلىتىپ ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىدۇ،
تېخى ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا «تايىنار»مىش!
ئۇنىڭ نامى بولسا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگاردۇر!)
[3] مەن بۇرۇنلا «ئىلگىرىكى ئىشلار»نى ئالدىنئالا بايان قىلدىم؛
ئۇلار ئۆز ئاغزىمدىن چىققان، مەن ئۇلارنى ئاڭلاتتىم؛
مەن بۇلارنى تۇيۇقسىز ۋۇجۇدقا چىقىرىپ،
ئۇلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛
[4] چۈنكى مەن سېنىڭ جاھىللىقىڭنى، بوينۇڭنىڭ پەيلىرىنىڭ تۆمۈر،
يۈزۈڭنىڭ داپتەك ئىكەنلىكىنى بىلدىم؛
[5] سېنىڭ: «مېنىڭ بۇتۇم مۇشۇلارنى قىلدى»،

---

**3:48 «ئىلگىرىكى ئىشلار»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئىلگىرىكى ئىشلار» شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ «قورەش پىلانى»دۇر (12:46دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ). مۇشۇنى جەزمەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن يەشايا «قوشۇمچە سۆز»دىكى 4-مىسال (48-بابنىڭ ئالاھىدە شەكلى توغرىسىدا) دېگەن گرافىنى كۆرۈڭ.
ــ ئاشۇ گرافىغا قارىغاندا، 48-باب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسمىدىكى «ئىلگىرىكى ئىشلار» دەل «قورەش پىلانى»غا باراۋەر كېلىدۇ؛ 6-ئايەتتىكى «يېڭى ئىشلار» بولسا، پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىنىڭ ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ تەھلىل قىلىنىش 42-بابتىكىگە ئوخشاش.
**4:48 «يۈزۈڭنىڭ داپ ئىكەنلىكىنى...»** ــ سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا «پېشانەڭنىڭ مىستىن ئىكەنلىكىنى...».

**ياكى «ئويما مەبۇدۇم، قۇيما مەبۇدۇم بۇلارنى بۇيرۇدى» ــ دېمەسلىكىڭ ئۈچۈن،**
**شۇڭا مەن بالدۇر مۇشۇلارنى ساڭا بايان قىلدىم؛**
**ئىش يۈز بەرگۈچە ئۇلارنى ساڭا ئاڭلىتىپ تۇردۇم.**
6 **سەن بۇلارنى ئاڭلىغانسەن؛**
**ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ باق!**
**بۇنى راست دەپ ئېتىراپ قىلمامسىلەر؟**
**مەن باياتىن «يېڭى ئىشلار»نى، يەنى ساقلىنىپ يوشۇرۇنغان ئىشلارنى بايان قىلدىم،**
**سەن بۇلارنى بىلگەن ئەمەسسەن.**
7 **سېنىڭ: «دەرۋەقە، مېنىڭ ئۇلاردىن بالدۇر خەۋىرىم بار ئىدى» دېمەسلىكىڭ ئۈچۈن،**
**ئۇلار بۇرۇن ئەمەس، ھازىرلا يارىتىلىدۇ؛**
**مۇشۇ كۈندىن ئىلگىرى سەن ئۇلارنى ئاڭلاپ باقمىغانسەن.**
8 **بەرھەق، سەن قۇلاق سالمىدىڭ، بەرھەق، سەن خەۋەرمۇ ئالمىدىڭ،**
**بەرھەق، سېنىڭ قۇلىقىڭ خېلى بۇرۇنلا ئېچىلماي ئېتىكلىك قالدى؛**
**چۈنكى مەن سېنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىۋېرىدىغانلىقىڭنى،**
**بالىياتقۇدىكى چېغىڭدىن تارتىپ «ئاسىي» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىڭنى بىلدىم.**
9 **ئۆز نامىم ئۈچۈن غەزىپىمنى كېچىكتۈرىمەن،**
**شۆھرىتىم ئۈچۈن سېنى ئۈزۈپ تاشلىمايمەن دەپ غەزىپىمنى بېسىۋالدىم؛**
10 **قارا، مەن سېنى تاۋلىدىم،**
**بىراق كۈمۈشنى تاۋلىغاندەك تاۋلاندۇرمىدىم؛**

---

**6:48 ««يېڭى ئىشلار»نەنى ساقلىنىپ يوشۇرۇنغان ئىشلارنى بايان قىلدىم،...» ــ**
يۇقىرىقى ئىزاھاتتا دېگىنىمىزدەك، «يېڭى ئىشلار»نى دەل «پەرۋەردىگارنىڭ قولى» توغرۇلۇق خۇش خەۋەر دەپ بىلىمىز (42-بابنىمۇ كۆرۈڭ).
**9:48** يەش. 21:43، 25

**مەن ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ خۇمدانىدا سېنى تاللىۋالدىم؛**
**11 ئۆز سەۋەبىمدىن، ئۆز سەۋەبىمدىن مەن مۇشۇنى قىلىمەن؛**
**مېنىڭ نامىمغا داغ تەگسە قانداق بولىدۇ؟**
**مەن ئۆزۈمنىڭ شان-شۆھرىتىمنى باشقا بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەيمەن.**
**12 ئى ياقۇپ، ئى چاقىرغىنىم ئىسرائىل!**
**ماڭا قۇلاق سالغىن؛**
**مەن «ئۇ»دۇرمەن؛**
**مەن تۇنجىدۇرمەن، بەرھەق ھەم ئاخىرقىدۇرمەن؛**
**13 مېنىڭ قولۇم يەر-زېمىننىڭ ئۇلىنى سالغان،**
**ئوڭ قولۇم ئاسمانلارنى كەرگەن؛**
**مەن ئۇلارنى چاقىرساملا، ئۇلار جەم بولۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.**
**14 ھەممىڭلار، جەم بولۇپ يىغىلىڭلار، ئاڭلاپ قويۇڭلار؛**
**بۇتلار ئارىسىدا قايسىسى مۇشۇنداق ئىشلارنى بايان قىلغان؟**
**پەرۋەردىگار ياخشى كۆرگەن كىشى بولسا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلارنى بابىلدا ئادا قىلىدۇ،**
**ئۇنىڭ بىلەك-قولى كالدىيلەرنىڭ ئۈستىگە زەرب بىلەن چۈشىدۇ؛**
**15 مەن، مەن سۆز قىلغانمەن؛**
**دەرھەقىقەت، مەن ئۇنى چاقىردىم؛**
**مەن ئۇنى ئالدىغا چىقىرىۋالدىم؛**
**ئۇنىڭ يولى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.**

---

**10:48 «كۈمۈشنى تاۋلىغاندەك تاۋلاندۇرمىدىم»** — دېمەك، ئىسرائىل كۈمۈشنىڭ بارلىق داشقىلىنى ئايرىۋالغۇچە تاۋلانغاندەك تاۋلانسا، بەلكىم ھېچنەرسە قالمايتتى! (1-باب، 22، 25-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). **«ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ خۇمدانىدا»** — بەلكىم بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇلارغا قارىتا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**11:48** يەش. 8:42

**12:48** يەش. 4:41؛ 6:44؛ ۋەھ. 17:1؛ 13:22

**14:48 «پەرۋەردىگار ياخشى كۆرگەن كىشى»** — مۇشۇ يەردە قورەشنى كۆرسىتىدۇ.

**14:48** يەش. 23،22:41

**16 ــ ماڭا يېقىن كېلىڭلار، مۇشۇنى ئاڭلاپ قويۇڭلار؛**
**مەن ئەزەلدىن سۆزۈمنى يوشۇرۇن قىلغان ئەمەس؛**
**سۆزۈم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنىدىمۇ يەنىلا شۇ يەردە بولغانمەن؛**
**ھازىر بولسا رەب پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ روھى مېنى ئەۋەتتى!**
**17 ھەمجەمەت-نىجاتكارىڭ پەرۋەردىگار، ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«ئۆزۈڭگە پايدا بولسۇن دەپ ساڭا ئۆگەتكۈچى،**
**ساڭا تېگىشلىك بولغان يولدا سېنى يېتەكلىگۈچى مەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭدۇرمەن؛**
**18 سەن مېنىڭ پەرمانلىرىمغا قۇلاق سالغان بولساڭدى!**
**ئۇنداق بولغاندا بەخت-خاتىرجەملىكىڭ دەريادەك،**
**ھەققانىيلىقىڭ دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بولاتتى!**
**19 سېنىڭ نەسلىڭ بولسا ئۇنىڭ قۇملىرىدەك،**
**ئىچ-قارنىڭدىن چىققان پەرزەنتلىرىڭ قۇم دانچىلىرىدەك سانسىز بولاتتى!**
**ئۇلارنىڭ ئىسمى مېنىڭ ئالدىمدا ھەرگىز ئۆچۈرۈۋېتىلمەيدىغان ياكى يوقىتىۋېتىلمەيدىغان بولاتتى!**

---

16:48 **«ماڭا يېقىن كېلىڭلار، مۇشۇنى ئاڭلاپ قويۇڭلار؛ مەن ئەزەلدىن سۆزۈمنى يوشۇرۇن قىلغان ئەمەس؛ سۆزۈم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنىدىمۇ يەنىلا شۇ يەردە بولغانمەن» ــ** دېمەك، سۆزلىگۈچى خۇدانىڭ «جاكارچىسى» ھەم ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بەجا كەلتۈرگۈچىدۇر. كېيىنكى ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەگەر ۋاقىت دېگەن نەرسىنى بار دېسەڭ، مانا مەن ئۆزۈمدۇرمەن».
—**«ھازىر بولسا رەب پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ روھى مېنى ئەۋەتتى!»** ــ سۆزلىگۈچى يەنە «ئەزەلدىن تارتىپ خۇدا بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى يەر يۈزىدىكىلەرگە يەتكۈزگۈچى» بولۇپ، ئاخىردا خۇدا ھەم خۇدانىڭ روھى تەرىپىدىن ئەۋەتىلىپ ئۆزى مۇشۇ دۇنياغا كېلىدۇ (6-باب، 8-ئايەتنى كۆرۈڭ). تۆۋەندىكى 49-بابتا مۇشۇ زات، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» توغرىسىدىكى مەزمۇنلاردا كۆپرەك ئاشكارىلىنىدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھازىر بولسا رەب پەرۋەردىگار مېنى ئۇنىڭ روھى بىلەن ئەۋەتكەن!»

**16:48** پەند. 8:1-5؛ زەك. 9:2؛ 15:6؛ 10:12؛ يـۇھ. 11:42؛ 17:21

**18:48** قان. 32:29؛ زەب. 81:13-16

**[20] بابىلدىن چىقىڭلار، كالدىيلەردىن قېچىپ كېتىڭلار!**
**ناخشا ئاۋازلىرىنى ياڭرىتىپ مۇشۇنى جاكارلاڭلار،**
**بۇ خەۋەرنى ئاڭلىتىڭلار،**
**جاھاننىڭ چەت-ياقىلىرىغىچە ئۇنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دەڭلار: ــ**
**«پەرۋەردىگار ئۆز قۇلى ياقۇپنى ھەمجەمەتلىك قىلىپ قۇتقۇزدى!**
**[21] ئۇلار چۆل-باياۋانلاردىن ئۆتكەندە ھېچ ئۇسساپ قالمىدى؛**
**ئۇ سۇلارنى تاشتىن ئاققۇزۇپ بەردى؛**
**بەرھەق، ئۇ تاشنى يارغۇزدى، سۇلار ئۇنىڭدىن ئۇرغۇپ چىقتى!».**
**[22] «رەزىللەر ئۈچۈن» ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، «بەخت-خاتىرجەملىك يوقتۇر».**

---

**20:48 «بابىلدىن چىقىڭلار، كالدىيلەردىن قېچىپ كېتىڭلار!»** ــ ئىسرائىل بابىلدىن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 536-يىلى) قۇتۇلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى قايتىپ كەلدى. نۇرغۇن يەھۇدىيلار پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ يەردىكى ئەھۋالىنى ياخشى دەپ قارايتتى. ئۇلاردىن كۆپلىگەن ئادەم سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بېيىپ كەتتى. ئۇلار ئېرىشكەن پاراۋان تۇرمۇشنى تاشلاپ ئۆز يۇرتىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش جاپاسىدىن باش تارتتى. شۇڭا ئۇلار مۇشۇ چاقىرىقتا قۇلاق سالمايتتى. ئادەملەر مۇشۇ دۇنيادىكى مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆز گۇناھىدىن، شەخسىيەتچىلىكىدىن، **ئۆزىدىن** «ئازاد قىلىنىش»ى ياكى «قۇتقۇزۇلۇش»ى ئەڭ مۇھىمدۇر. قورەش بولسا ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش يولىنى ئاچقان. بىراق گۇناھلىرىدىن ساقىت بولمىسا، ھەممىسى قۇرۇق، بىكارغا كېتىدۇ.
—بېشارەتلەر بويىچە مۇشۇ تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن، ئىنسانىنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» ئەۋەتىلىدۇ. ئۇنىڭ قىلىدىغان خىزمەتلىرى تۆۋەندىكى 49-55-بابتىكى بېشارەتلەرنىڭ تېمىسى بولىدۇ.
—(مۇشۇ بېشارەتلەر بەلكىم ئىككىنچى قېتىم ئاخىرقى زامانلاردىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، شۇ چاغدا ئىسرائىل «يېڭى بابىل»دىن ھەم دۇنيادىكى چەت-چەتلەردىن زىئونغا قايتىدۇ).
**20:48** يەش. 52:11؛ يەر. 50:8؛ 51:6،45؛ ۋەھ. 18:4
**21:48 «ئۇلار چۆل-باياۋانلاردىن ئۆتكەندە ھېچ ئۇسساپ قالمىدى؛ ئۇ سۇلارنى تاشتىن ئاققۇزۇپ بەردى؛ ...سۇلار ئۇنىڭدىن ئۇرغۇپ چىقتى!»** ــ «مىس.» 17-بابنى كۆرۈڭ. شۇ چاغدا ئىسرائىللار خۇدادىن نارازى بولۇپ قاقشاپ كەتتى. بەلكىم 22-ئايەت مۇشۇنداق ئىشلارنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.
**22:48** يەش. 57:21

## پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىنىڭ سۆزى –
## خۇدانىڭ ئۇنىڭ توغرۇلۇق بەرگەن گۇۋاھلىقى

49 [1] «ئى ئاراللار، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭلار،
يىراقتىكى ئەل-يۇرتلار، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار!
بالىياتقۇدىكى چېغىمدىن تارتىپ پەرۋەردىگار مېنى چاقىردى؛
ئاپامنىڭ قورسىقىدىكى چېغىمدىن تارتىپ ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالدى؛
[2] ئۇ ئاغزىمنى ئۆتكۈر قىلىچتەك قىلدى؛
ئۆز قولىنىڭ سايىسى ئاستىدا مېنى يوشۇرۇپ كەلدى،
مېنى سىلىقلانغان بىر ئوق قىلدى؛
ئۇ مېنى ئوقدېنىغا سېلىپ ساقلىدى،
[3] ۋە ماڭا: «سەن بولساڭ ئۆزۈڭدە مېنىڭ گۈزەللىك-جۇلالىقىم ئايان قىلىنىدىغان ئۆز قۇلۇم ئىسرائىلدۇرسەن» – دېدى».
[4] ئەمما مەن: –
«مېنىڭ ئەجرىم بىكارغا كەتتى،
ھېچنېمىگە ئېرىشمەي كۈچ-ماغدۇرۇمنى قۇرۇق سەرپ قىلدىم؛

---

1:49 **«ئاپامنىڭ قورسىقىدىكى چېغىمدىن تارتىپ ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالدى»** – باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئاپامنىڭ قورسىقىدىكى چېغىمدىن تارتىپ ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئەسلەتتى».

2:49 **«ئۇ ئاغزىمنى ئۆتكۈر قىلىچتەك قىلدى ...مېنى سىلىقلانغان بىر ئوق قىلدى»** – قىلىچنىڭ تەسىرى يېقىندىكىلەرگە، ئوقنىڭ بولسا يىراقتىكىلەرگە بولىدۇ.

3:49 **«سەن بولساڭ ئۆزۈڭدە مېنىڭ گۈزەللىك-جۇلالىقىم ئايان قىلىنىدىغان ئۆز قۇلۇم ئىسرائىلدۇرسەن»** – ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، خۇدا ياقۇپقا يېڭى بىر ئىسىم، ئىسرائىلنى («خۇدا بىلەن بىللە بولغان ئەمىر» ياكى «خۇدانىڭ غەلىبىچىسىدۇر» دېگەن مەنىدە) بېغىشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇدا بوۋىسى ئىبراھىمغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى، جۈملىدىن ئەڭ ئۇلۇغى: «سەن ۋە ئەۋلادىڭ دۇنيادىكى بارلىق ئەل-يۇرتلارغا بەخت يەتكۈزىسەن» دېگەننى تەكرارلاپ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. بىراق ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىللار خۇداغا گۇۋاھلىق بەرمەي مۇشۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي كەلگەن. مۇشۇ يەردە خۇدا شۇ ۋەزىپىنى ھەم ۋەدىسىنى: «سەن بولساڭ ئۆزۈڭدە گۈزەللىك-جۇلالىقىم ئايان قىلىنىدىغان ئۆز قۇلۇم ئىسرائىلدۇرسەن» دەپ، پەۋقۇلئاددە «ئۆز قۇلى»غا تاپشۇردى.

**شۇنداقتىمۇ باھالىنىشىم بولسا پەرۋەردىگاردىندۇر،**
**مېنىڭ ئەجرىمنىمۇ خۇدايىمغا تاپشۇردۇم» ــ دېدىم؛**
5 **ئەمدى مېنى ئۆز قۇلى بولۇشقا،**
**ياقۇپنى توۋا قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا قايتۇرۇشقا مېنى بالىياتقۇدا**
**شەكىللەندۈرگەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**(ئىسرائىل قايتۇرۇلۇپ يېنىغا توپلانمىغان بولسىمۇ،**
**مەن يەنىلا پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە شان-شەرەپكە ئىگە بولدۇم،**
**شۇنىڭدەك خۇدايىم مېنىڭ كۈچۈمدۇر)**
6 **ــ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«سېنىڭ ياقۇپ قەبىلىلىرىنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇپ تۇرغۇزۇشقا،**
**ھەمدە ئىسرائىلدىكى «ساقلانغان سادىقلار»نى بەختكە قايتۇرۇشقا**
**قۇلۇم بولۇشۇڭ سەن ئۈچۈن زەررىچىلىك بىر ئىشتۇر؛**
**مەن تېخى سېنى ئەللەرگە نۇر بولۇشقا،**
**يەر يۈزىنىڭ چەت-ياقىلىرىغىچە نىجاتىم بولۇشۇڭ ئۈچۈن سېنى**
**ئاتىدىم».**

---

4:49 **«مەن: ـــ «مېنىڭ ئەجرىم بىكارغا كەتتى، ھېچنېمىگە ئېرىشمەي كۈچ-ماغدۇرۇمنى قۇرۇق سەرپ قىلدىم؛ شۇنداقتىمۇ باھالىنىشىم بولسا پەرۋەردىگاردىندۇر، مېنىڭ ئەجرىمنىمۇ خۇدايىمغا تاپشۇردۇم» ـــ دېدىم»** ــ مۇشۇ بېشارەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن 5-13-ئايەتلەرنىمۇ كۆرۈش كېرەك. قارىغاندا خۇدا ئۆز قۇلىغا «ئۆز خەلقىمنى توۋا قىلىش يولىدا يېنىمغا قايتۇرۇش» ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان بولسىمۇ، قۇل ۋاقىت-كۈچىنى سەرپ قىلىپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندەك كۆرۈنىدۇ؛ دېمەك، ئىسرائىل، يەنى «ياقۇپنىڭ قەبىلىلىرى» ھېچ توۋا قىلمىغان. ئوقۇرمەنلەر مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ھەقىقىي يۈز بەرگەن-بەرمىگەنلىكىنى ئىنجىلدىن كۆرەلەيدۇ.
5:49 **«ئىسرائىل قايتۇرۇلۇپ يېنىغا توپلانمىغان»** ــ بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «... يەنى ئىسرائىلنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ يىغىش ئۈچۈن... (مېنى بالىياتقۇدا شەكىللەندۈرگەن)....»
6:49 « **پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـــ «سېنىڭ ياقۇپ قەبىلىلىرىنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇپ تۇرغۇزۇشقا، ھەمدە ئىسرائىلدىكى «ساقلانغان سادىقلار»نى بەختكە قايتۇرۇشقا قۇلۇم بولۇشۇڭ سەن ئۈچۈن زەررىچىلىك بىر ئىشتۇر...»** ــ پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى «ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشمىگىنى بىلەن»، يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەي دۇئا قىلىۋەردى. خۇدا ئۇنىڭغا: «پەقەت ئۆز خەلقىم بولغان يەھۇدىيلارنى قايتۇرۇپلا قالماي، سەن بەلكى پۈتكۈل دۇنياغا نۇر ۋە نىجات بولۇپ، قۇتقۇزغۇچى بولىسەن» دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ.

**[7] ئەمدى ئىسرائىلنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىسى، ئۇنىڭدىكى مۇقەددەس بولغۇچى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**ئادەملەر ئىچ-ئىچىدىن نەپرەتلىنىدىغان كىشىگە،**
**يەنى كۆپچىلىك لەنىتي دەپ قارىغان،**
**ئەمەلدارلارغا قۇل قىلىنغان كىشىگە مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«سۆزىدە تۇرغۇچى پەرۋەردىگار،**
**يەنى سېنى تاللىغان ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ سەۋەبىدىن،**
**پادىشاھلار كۆزلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئەمەلدارلارمۇ باش ئۇرىدۇ؛**
**[8] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«شاپائەت كۆرسىتىلىدىغان بىر پەيتتە دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىشنى بېكىتكەنمەن،**
**نىجات-قۇتقۇزۇلۇش يەتكۈزۈلىدىغان بىر كۈنىدە مەن ساڭا ياردەمدە بولۇشۇمنى بېكىتكەنمەن؛**
**مەن سېنى قوغدايمەن،**
**سېنى خەلقىمگە ئەھدە سۈپىتىدە بېرىمەن؛**
**شۇنداق قىلىپ سەن زېمىنني ئەسلىگە كەلتۈرىسەن،**
**خەلقىمنى خارابە بولۇپ كەتكەن مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلدۇرىسەن،**

**7:49 «ئادەملەر ئىچ-ئىچىدىن نەپرەتلىنىدىغان كىشىگە، يەنى كۆپچىلىك لەنىتي دەپ قارىغان... كىشىگە..»** ــ مۇشۇ يەردە «كۆپچىلىك» ئىبرانيي تىلىدا «يات ئەل» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن مۇشۇ يەردە ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىسرائىل خۇداغا نىسبەتەن «يات بىر ئەل» دەپ قارىلىدۇ. **«...پادىشاھلار كۆزلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئەمەلدارلارمۇ باش ئۇرىدۇ»** ــ مۇشۇ بېشارەت بىلەن يۇقىرىقى بېشارەتنى سېلىشتۇرساق، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قۇل دۇنياغا نۇر ۋە نىجات بولغىنى بىلەن ئۇ ئادەملەرنىڭ نەپرەت-كەمسىتىشىگە، چەتكە قېقىشىغا ھەم خورلۇقىغا ئۇچرايدۇ؛ بىراق ئاخىردا ھەتتا دۇنيادىكى پادىشاھلارمۇ «كۆزلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ» قۇلغا باش ئۇرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ «نېمە كۆرگەنلىكى» مۇشۇ يەردە دېيىلمىدى؛ بۇنى بىلىش ئۈچۈن «يەشايا»نى داۋاملىق ئوقۇش كېرەك!
**8:49** 2كور. 2:6

**9 سەن مەھبۇسلارغا: «بۇياققا كېلىڭلار»،**
**قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرغانلارغا: «نۇرغا چىقىڭلار» ــ دەيسەن؛**
**ئۇلار يوللار بويىدىمۇ ئوتلاپ يۈرىدۇ،**
**ھەتتا ھەربىر تاقىر تاغلاردىن ئوزۇقلۇق تاپىدۇ؛**
**10 ئۇلار ئاچ قالمايدۇ، ئۇسساپ كەتمەيدۇ؛**
**تومۇز ئىسسىقمۇ، قۇياش تەپتىمۇ ئۇلارنى ئۇرمايدۇ؛**
**چۈنكى ئۇلارغا رەھىم قىلغۇچى ئۇلارنى يېتەكلەيدۇ،**
**ئۇ ئۇلارغا بۇلاقلارنى بويلىتىپ يول باشلايدۇ.**
**11 شۇنىڭدەك مەن بارلىق تاغلىرىمنى يول قىلىمەن،**
**مېنىڭ يوللىرىم بولسا ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ.**
**12 مانا، مۇشۇ كىشىلەر يىراقتىن كېلىۋاتىدۇ،**
**مانا، بۇلار بولسا شىمالدىن ۋە غەربتىن كېلىۋاتىدۇ،**
**ھەم مۇشۇلار سىنىم زېمىنىدىنمۇ كېلىۋاتىدۇ.**
**13 خۇشاللىقتىن تowۋلاڭلار، ئى ئاسمانلار؛**
**ئى يەر-زېمىن، شادلان؛**
**ناخشىلارنى ياڭرىتىڭلار، ئى تاغلار؛**

---

**10:49** ۋەھ. 16:7

**11:49 «... شۇنىڭدەك مەن بارلىق تاغلىرىمنى يول قىلىمەن، مېنىڭ يوللىرىم بولسا ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ»** ــ شۈبھىسىزكى، مۇشۇ بېشارەتلەر ھەم جىسمانىي جەھەتلەر ھەم روھىي جەھەتلىرىدىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. «جىسمانىي جەھەتتە» قۇل ئىسرائىل خەلقىنى دۇنيانىڭ بارلىق چەت-ياقىلىرىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ، ياقۇپنىڭ «مىراسى بولغان» پەلەستىننى گۈللەندۈرۈپ ئۇلارغا قايتىدىن بېغىشلايدۇ. مۇشۇ ئىشلار يەنە تۆۋەندىكى 14-26-ئايەتلەردە تەسۋىرلىنىدۇ.
—خۇدانىڭ سۆزىگە ئاساسەن بۇ ئىشلار «سەن ئۈچۈن بۇ زەررىچىلىك ئىشتۇر». ئۇنىڭ قۇلى شەيتاننىڭ ۋە گۇناھنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئۆزۈن ياتقان بارلىق مەھبۇسلار ئۈچۈن ئەركىنلىككە، خۇدانىڭ كەچۈرۈمگە، يېڭى، ئەھمىيەتلىك ھاياتقا، جۈملىدىن جەننەتكە ئېرىشىشتىكى پۈرسەتنى يارىتىپ بېرىدۇ.

**12:49 «مانا، بۇلار بولسا شىمالدىن ۋە غەربتىن كېلىۋاتىدۇ، ھەم مۇشۇلار سىنىم زېمىنىدىنمۇ كېلىۋاتىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدىكى «سىنىم» دېگەن سۆز بەلكىم قەدىمكى «چىن» مەملىكىتى (قەدىمكى «چىن» ھازىرقى جۇڭگو)نى كۆرسىتىش مۇمكىن. مۇشۇ سۆز ئۈستىدە باشقا قاراشلارمۇ مەۋجۇت.

**چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە تەسەللى بەردى،**
**ئۆزىنىڭ خار بولغان پېقىر-مۆمىنلىرىگە رەھىم قىلىدۇ.**
**14 بىراق زىئون بولسا: ــ**
**«پەرۋەردىگار مەندىن ۋاز كەچتى،**
**رەببىم مېنى ئۇنتۇپ كەتتى!» ــ دەيدۇ.**
**15 ئانا ئۆزى ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيالامدۇ؟**
**ئۆز قورسىقىدىن تۇغقان ئوغلىغا رەھىم قىلماي تۇرالامدۇ؟**
**ھەتتا ئۇلار ئۇنتۇغان بولسىمۇ،**
**مەن سېنى ئۇنتۇيالمايمەن.**
**16 مانا، مەن سېنى ئۆز ئالقانلىرىمغا ئويۇپ پۈتكەنمەن؛**
**خارابە تاملىرىڭ ھەردائىم كۆز ئالدىمدىدۇر.**
**17 ئوغۇل بالىلىرىڭ قايتىشقا ئالدىرىۋاتىدۇ؛**
**ئەسلىدە سېنى ۋەيران قىلغانلار، خاراب قىلغانلار سېنىڭدىن يىراق كېتىۋاتىدۇ؛**
**18 بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەتراپىڭغا قاراپ باق!**
**ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەم بولۇپ قېشىڭغا قايتىپ كېلىۋاتىدۇ!**
**ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،**
**سەن ئۇلارنى ئۆزۈڭگە زىبۇ-زىننەتلەر قىلىپ كىيىسەن؛**
**تويى بولىدىغان قىزدەك سەن ئۇلارنى تاقايسەن؛**
**19 چۈنكى خارابە ھەم چۆلدەرەپ كەتكەن جايلىرىڭ،**
**ۋەيران قىلىنغان زېمىنىڭ،**
**ھازىر كېلىپ، تۇرماقچى بولغانلار تۈپەيلىدىن ساڭا تارچىلىق قىلىدۇ؛**
**ئەسلىدە سېنى يۇتۇۋالغانلار يىراقلاپ كەتكەن بولىدۇ.**

---

**18:49** يەش. 4:60

19:49 **«... خارابە ھەم چۆلدەرەپ كەتكەن جايلىرىڭ... ھازىر كېلىپ، تۇرماقچى بولغانلار تۈپەيلىدىن ساڭا تارچىلىق قىلىدۇ»** ــ بۇ خىل مەسىلە ئىنتايىن ياخشى بىر مەسىلە، ئەلۋەتتە. ئانىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن بالىلىرى شۇنچە كۆپكى، يۇرتقا پاتمايدۇ.

20 سىنىڭدىن جۇدا قىلىنغان بالىلىرىڭ بولسا ساڭا: ــ
«مۇشۇ جاي تۇرۇشۇمغا بەك تارچىلىق قىلىدۇ؛
ماڭا تۇرغۇدەك بىر جاينى بوشىتىپ بەرسەڭ!» ــ دەيدۇ؛
21 سەن كۆڭلۈڭدە: ــ
«مەن بالىلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغان،
غېرىب-مۇساپىر ۋە سۈرگۈن بولۇپ، ئۇيان-بۇيان ھەيدىۋېتىلگەن تۇرسام،
كىم مۇشۇلارنى ماڭا تۇغۇپ بەردى؟
كىم ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلدى؟
مانا، مەن غېرىب-يالغۇز قالدۇرۇلغانمەن؛
ئەمدى مۇشۇلار زادى نەدىن كەلگەندۇر؟» ــ دەيسەن.
22 رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«مانا، مەن ئەللەرگە قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىمەن،
ئەل-مىللەتلەرگە كۆرۈنىدىغان بىر تۇغنى تىكلەيمەن؛
ئۇلار ئوغۇللىرىڭنى قۇچىقىدا ئېلىپ كېلىشىدۇ؛
ئۇلار قىزلىرىڭنى ھاپاش قىلىپ كېلىدۇ.
23 پادىشاھلار بولسا، «ئاتاق دادىلىرىڭ،»
خانىشلار بولسا ئىنىكئانىلىرىڭ بولىدۇ؛
ئۇلار ساڭا بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلىپ،
پۇتلىرىڭ ئالدىدىكى چاڭ-توپىنىمۇ يالايدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن سەن مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسەن؛
چۈنكى ماڭا ئۈمىد باغلاپ كۈتكەنلەر ھەرگىز يەرگە قاراپ قالمايدۇ.
24 ئولجىنى باتۇرلاردىن ئېلىۋالغىلى بولامدۇ؟
ھەققانىيەت جازاسى سەۋەبىدىن تۇتقۇن قىلىنغان بولسا قۇتۇلدۇرغىلى

بولامدۇ؟
[25] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ھەتتا باتۇرلاردىن ئەسىرلەرنىمۇ قايتۇرۇۋالغىلى،
ئەشەددىيلەردىن ئولجىنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ؛
ۋە سەن بىلەن دەۋالاشقانلار بىلەن مەنمۇ دەۋالىشىمەن،
شۇنىڭ بىلەن باللىرىڭنى قۇتقۇزۇپ ئازاد قىلىمەن.
[26] سېنى ئەزگۈچىلەرنى ئۆز گۆشى بىلەن ئۆزىنى ئوزۇقلاندۇرىمەن؛
ئۇلار يېڭى شاراب ئىچكەندەك ئۆز قېنى بىلەن مەست بولۇپ كېتىدۇ؛
شۇنداق قىلىپ بارلىق ئەت ئىگىلىرى مەن پەرۋەردىگارنىڭ سېنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭ ھەم ھەمجەمەت-نىجاتكارىڭ،
ياقۇپقا كۈچ-قۇدرەت بولغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىدۇ.

## خۇدانىڭ چاقىرىقىغا كىم: «مانا مەن» ـ دەيدۇ؟

50 [1] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
مەن قويۇۋەتكەن ئانائىڭلارنىڭ تالاق خېتى قېنى؟
ماڭا قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ قايسىسىغا سىلەرنى سېتىۋەتكەنمەن؟
مانا، سىلەر ئۆز گۇناھلىرىڭلار ئارقىلىق ئۆز-ئۆزۈڭلارنى سېتىۋەتكەنسىلەر؛

---

24:49 **«ھەققانىيەت جازاسى سەۋەبىدىن تۇتقۇن قىلىنغان بولسا قۇتۇلدۇرغىلى بولامدۇ؟»** ــ بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم ئىسرائىللار ياكى باشقا مىللەتلەر «ھەققانىيەت جازاسىغا ئۇچرىشى سەۋەبىدىن تۇتقۇن قىلىنسا»، ئۇنداقتا ھەققانىي بولغان خۇدا ئۇلارنى ئەركىن قىلسا بولامدۇ، بولامدۇ؟ بۇ ئۆزىنىڭ ئادىللىقىغا خىلاپلىقمۇ؟ ــ دېمەكچى. تۆۋەندىكى ئايەتنى ھەم ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ.

**24:49** مات. 29:12

25:49 **«سەن بىلەن دەۋالاشقانلار بىلەن مەنمۇ دەۋالىشىمەن»** ــ خۇدانىڭ بۇ سۆزى بەلكىم «سىلەرنى ئەركىن قىلىشىمدا بىرسى ئادىللىقىمغا داغ چۈشۈرگەن بولسا ياكى ماڭا: «بىئادىل!» دەپ ئەرز قىلسا، مەن ئۆزۈم ئىگە، بۇنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دېمەكچى. ئەمدى ئۇنىڭ قانداق قىلىپ «بىر تەرەپ قىلىش»ى 53-بابتا ئاشكارىلىنىدۇ.

**26:49** ۋەھ. 6:16

**سىلەرنىڭ ئاسىيلىقلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئاناڭلار قويۇۋېتىلگەندى.**

**2 مەن سىلەردىنمۇ سورايمەن:**

**مەن كەلگىنىمدە، نېمىشقا ھېچ ئادەم چىقمىدى؟**

**مەن چاقىرغىنىمدا، نېمىشقا ھېچكىم «مانا مەن» دەپ جاۋاب**

**بەرمىدى؟ ھۆرلۈككە چىقىرىشقا قولۇم قىسقىلىق قىلامدۇ؟**

**قۇتقۇزغۇدەك كۈچۈم يوقمىدۇ؟**

**مانا، مەن بىر ئەيىبلەپلا دېڭىزنى قۇرۇتۇپ،**

**دەريالارنى چۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن؛**

**سۇ بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ بېلىقلىرى سېسىپ كېتىدۇ،**

**ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىدۇ؛ 3 ئاسمانلارنى قارىلىق بىلەن كىيدۈرىمەن،**

**ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى قارا بۆزدىن قىلىمەن».**

---

1:50 **«مەن قويۇۋەتكەن ئاناڭلارنىڭ تالاق خېتى قېنى؟... سىلەرنىڭ ئاسىيلىقلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئاناڭلار قويۇۋېتىلگەندى»** — خۇدا ئىسرائىلغا «ئۆز ئايالىم»دەك قارايدۇ. «قويۇۋەتكەن ئاناڭلارنىڭ تالاق خېتى قېنى؟» — مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگەن قانۇنغا ئاساسەن، «تالاق خەت» بولمىسا، «ئاجراشقانلار» قايتىدىن ئەپلەشسە بولىدۇ. دېمەك، ئىسرائىلنىڭ خۇدانىڭ يېنىغا قايتىش يولى ئوچۇق كۆرۈنىدى.

—**«ماڭا قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ قايسىسىغا سىلەرنى سېتىۋەتكەنمەن؟»** — خۇداغا قەرز بەرگۈچى يوق، ئەلۋەتتە. خۇدا «ئۆز مەنپەئىتى»نى كۆزلىگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دۈشمەنلەرنىڭ ئۇلارنى ئاياغ ئاستى قىلىپ ئەسىرگە چۈشۈرۈشىگە يول قويغان (ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، يەشايا ئاساسەن مۇشۇ بېشارەتلەرنى ئۆزىدىن كېيىنكى بىر دەۋر ئۈچۈن سۆزلەيدۇ).

2:50 **«مەن كەلگىنىمدە، نېمىشقا ھېچ ئادەم چىقمىدى؟ مەن چاقىرغىنىمدا، نېمىشقا ھېچكىم «مانا مەن» دەپ جاۋاب بەرمىدى؟ ھۆرلۈككە چىقىرىشقا قولۇم قىسقىلىق قىلامدۇ؟ قۇتقۇزغۇدەك كۈچۈم يوقمىدۇ؟»** — مۇشۇ سۆزلەر بەلكىم يۇقىرىقى «پەرۋەردىگار مەندىن ۋاز كەچتى، رەب مېنى ئۇنتۇپ كەتتى!» دېگەن قاقشاشلارغا بېرىلگەن ئىككىنچى بىر جاۋاب. خۇدا زىئوننى ئۇنتۇمىدى؛ بىراق ئۇ ئۇلاردىن ئۆز خىزمىتىنى قىلغۇدەك ئادەمنى چاقىرسا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ھېچكىم چىقمايدۇ. بىرسى چىقسىلا، ئۇ ئارقىلىق قۇتقۇزىدىغان كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

**2:50** چۆل. 23:11؛ يەش. 1:59

3:50 **«ئاسمانلارنى قارىلىق بىلەن كىيدۈرىمەن، ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى قارا بۆزدىن قىلىمەن»** — ئىسرائىلنىڭ «مىسىردىن چىقىش» دەۋرىدە مۇشۇنداق ئىشلار كۆپ يۈز بەرگەن. «مىسىردىن چىقىش»نى كۆرۈڭ.

## پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى يەنە سۆزلەيدۇ

4 «رەب پەرۋەردىگار مېنىڭ جاپا چەككەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ياساشنى بىلىشىم ئۈچۈن ماڭا تەلىم-تەربىيە ئالغۇچىلارنىڭ تىلىنى تەقدىم قىلدى؛
ئۇ مېنى ھەر سەھەر ئويغىتىپ تۇرىدۇ،
تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ قاتارىدا مېنىڭ قۇلىقىمنى ئويغىتىدۇ.
5 رەب پەرۋەردىگار قۇلىقىمنى ئاچتى؛
مەن بولسام ئىتائەتسىزلىك قىلمىدىم،
ياكى يولىدىن باش تارتمىدىم.
6 دۈمبەمنى ساۋىغۇچىلارغا،
مەڭزىلىرىمنى تۈك يۇلغۇچىلارغا تۇتۇپ بەردىم؛
خورلۇق ھەم تۈكۈرۈشلەردىن يۈزۈمنى قاچۇرمىدىم؛
7 بىراق رەب پەرۋەردىگار ياردىمىمدە بولىدۇ؛
شۇڭا مەن يەرگە قاراپ قالمايمەن؛
شۇڭا مەن نىيىتىمنى قەتئىي قىلىپ يۈزۈمنى ئالماستەك چىڭ قىلدىم؛

---

4:50 **«... تەلىم-تەربىيە ئالغۇچىلار... تەربىيىلەنگەنلەر...»** — ئىبرانىي تىلىدا «تەلىم-تەربىيە ئالغۇچىلار» ۋە تۆۋەندىكى «تەربىيىلەنگەنلەر» ھەم «مۇخلىسلار» (8-باب، 16-ئايەت) بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«پەرۋەردىگار مېنى ھەر سەھەر ئويغىتىپ تۇرىدۇ، تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ قاتارىدا مېنىڭ قۇلىقىمنى ئويغىتىدۇ»** — خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە يۇككىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسرائىلدىن ھېچكىم چىقمىدى. خۇدانىڭ نىيىتىدىكى ئىشنى قىلىشقا چىقىدىغىنى ھەم شۇنداقلا شۇ ئىشنى قىلالىغۇچى پەقەتلا خۇدانىڭ قۇلى مەسىھ ئىدى. پەقەت بىر قېتىملا ئەمەس، ئۇ «ھەر سەھەردە» خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تەربىيىنى قوبۇل قىلىدۇ.
5:50 **«رەب پەرۋەردىگار قۇلىقىمنى ئاچتى؛ مەن بولسام ئىتائەتسىزلىك قىلمىدىم، ياكى يولىدىن باش تارتمىدىم»** — قۇل بولسا ھەر سەھەر خۇدانىڭ سۆزىنى ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايدۇ. بىر كۈنى ئۇ خۇدانىڭ ۋەھيىسى بىلەن، خۇدانىڭ كۆڭۈلدىكىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى، ئادەملەرنىڭ رەزىل خورلاشلىرىنى تارتىش كېرەك دەپ بىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ باش تارتمايدۇ، بەلكى مۇشۇ ئىشلارنى قوبۇل قىلىشقا قەتئىي بەل باغلايدۇ (6-7-ئايەت).
**5:50** يۇھ. 31:14؛ فىل. 8:2؛ ئىبر. 10-5:10

**خىجىللىققا قالدۇرۇلمايدىغانلىقىمنى بىلىمەن.**
**8 مېنى ئاقلىغۇچى يېنىمدىدۇر؛**
**كىم ماڭا ئەرز-شىكايەت قىلالىسۇن؟**
**بار بولسا بىرلىكتە دەۋالىشايلى؛**
**كىم مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەيىبلىمەكچى بولسا،**
**ئالدىمغا كەلسۇن!**
**9 ماڭا ياردەمدە بولغۇچى رەب پەرۋەردىگاردۇر؛**
**ئەمدى مېنى ئەرز قىلالايدىغان كىمكەن؟**
**ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تال كىيىمدەك ئەسكىرەپ كېتىدۇ؛**
**پەرۋانىلەر ئۇلارنى يۇتۇۋېتىدۇ».**
**10 — «ئاراڭلاردا پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغان،**
**ئۇنىڭ قۇلىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان كىم بار؟**
**قاراڭغۇلۇقتا ماڭىدىغان، يورۇقلۇقى بولمىغان كىشى بولسا،**
**پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا ئىشىنىپ خاتىرجەملەنسۇن،**
**خۇداسىغا يۆلەنسۇن!**
**11 مانا، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئوت ياقىدىغان،**
**ئەتراپىڭلارنى مەشئەللەر بىلەن ئورايدىغان ھەممىڭلار!**
**قېنى، ئۆز ئوتۇڭلارنىڭ نۇرىدا،**
**ئۆزۈڭلار ياققان مەشئەللەر ئارىسىدا مېڭىڭلار؛**

---

7:50 **«شۇڭا مەن نىيىتىمنى قەتئىي قىلىپ يۈزۈمنى ئالماستەك چىڭ قىلدىم»** — «ئالماس» ئىبرانىي تىلىدىكى «چاقماق تېشى» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنىدە (ئەڭ قاتتىق تاش).

8:50 **«مېنى ئاقلىغۇچى يېنىمدىدۇر؛ كىم ماڭا ئەرز-شىكايەت قىلالىسۇن؟ ... كىم مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەيىبلىمەكچى بولسا، ئالدىمغا كەلسۇن!»** — بۇ ئايەتكە قارىغاندا، قۇل سوت قىلىنىپ قاتتىق تۆھمەت-شىكايەتلەرگە ئۇچرايدۇ.

**8:50** رىم. 8:33،32

10:50 **«ئاراڭلاردا پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغان، ئۇنىڭ قۇلىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان كىم بار؟»** — بېشارەت بويىچە «پەرۋەردىگاردىن قورقۇش» ھەم «ئۇنىڭ قۇلىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىش»تىن ئىبارەت ئىككى ئىش ئەمەلىيەتتە ئوخشاشتۇر.

بىراق سىلەر شۇنى قولۇمدىن ئالىسىلەركى: ــ
«ئازاب-ھەسرەت ئىچىدە ياتىسىلەر!».

## نىجات-قۇتۇلۇش سىلەرگە يېقىن تۇرىدۇ!

51 [1] «ئى ھەققانىيلىققا ئىنتىلگۈچىلەر،
پەرۋەردىگارنى ئىزدىگۈچىلەر،
ماڭا قۇلاق سېلىڭلار: ــ
سىلەرنى يونۇپ چىقارغان تاشقا،
سىلەرنى كولاپ چىقارغان ئورەككە نەزەر سېلىڭلار؛
[2] ئاتاڭلار ئىبراھىمغا، سىلەرنى تۇغۇپ بەرگەن ساراھقا نەزەر سېلىڭلار؛
چۈنكى مەن ئۇنى يالغۇز چېغىدا چاقىردىم،
ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلدىم،
ھەم ئۇنى ئاۋۇندۇردۇم.
[3] چۈنكى پەرۋەردىگار زىئونغا تەسەللىي بەرمەي قويمايدۇ؛
ئۇنىڭ بارلىق خارابە يەرلىرىگە چوقۇم تەسەللىي بېرىدۇ؛
ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ چاڭگاللىرىنى ئېرەم باغچىسىدەك،
ئۇنىڭ چۆل-باياۋانلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ بېغىدەك قىلىدۇ؛
ئۇنىڭدىن خۇشاللىق ھەم شاد-خۇراملىق،
رەھمەتلەر ھەم ناخشا ئاۋازلىرى تېپىلىدۇ.
[4] مېنىڭ خەلقىم، گېپىمنى ئاڭلاڭلار،
ئۆز ئېلىم، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار؛

---

11:50 **«مانا، ئۆزلىرى ئۇچۇن ئوت ياقىدىغان، ئەتراپىڭلارنى مەشئەللەر بىلەن ئورايدىغان ھەممىڭلار!.. «ئازاب-ھەسرەت ئىچىدە ياتىسىلەر!»»** ــ بۇ تۈركۈم كىشىلەر: «خۇدادىن ھېچ نۇر كەلمىدى ھەم كەلمەيدۇ» دەپ ئۆز-ئۆزىگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ خىيالدىكى «نۇر»نى ياقىدۇ. ئەگەر «نۇر» خۇدانىڭ ئۆزىدىن كەلگەن بولمىسا، ساختا پەيغەمبەرلەردىن، ئىنسانلاردىكى پەلسەپىلەردىن ياكى خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ خىيال-تەپەككۇرىدىن كەلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ھامان: ــ «ئازاب-ھەسرەت ئىچىدە ياتىدۇ».

چۈنكى مەندىن بىر قانۇن-تەلىم كېلىدۇ،
ۋە مەن ھۆكۈم-ھەقىقىتىمنى ئەل-يۇرتلار ئۈچۈن بىر نۇر قىلىپ تىكلەيمەن.
5 مېنىڭ ھەققانىيلىقىم سىلەرگە يېقىن،
مېنىڭ نىجاتىم يولغا چىقتى؛
مېنىڭ بىلەكلىرىم ئەل-يۇرتلارغا ھۆكۈم-ھەقىقەتنى ئېلىپ كېلىدۇ؛
ئاراللار مېنى كۈتۈپ ئۈمىد باغلايدۇ،
ئۇلار مېنىڭ بىلىكىمگە تايىنىدۇ.
6 بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ ئاسمانلارغا،
ئاستىڭلاردا تۇرغان يەر-زېمىنغىمۇ قاراپ بېقىڭلار؛
چۈنكى ئاسمانلار ئىس-تۈتەكتەك غايىب بولىدۇ،
يەر-زېمىن بولسا بىر تال كىيىمدەك كونىراپ كېتىدۇ؛
ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارمۇ ئوخشاشلا ئۆلىدۇ؛
بىراق نىجاتىم بولسا ئەبەدىلئەبەدگىچىدۇر،
مېنىڭ ھەققانىيلىقىم ھەرگىز يانجىلمايدۇ.
7 ئى ھەققانىيلىقمنى بىلگەنلەر،
كۆڭلىگە قانۇن-تەلىمىمنى پۈككەن خەلق،
ماڭا قۇلاق سېلىڭلار؛
ئىنسانلارنىڭ ھاقارەتلىرىدىن قورقماڭلار،
ئۇلاردىكى كۈپۈرلۇق ۋە غالجىرلاشلاردىن پاتىپاراق بولۇپ كەتمەڭلار؛
8 چۈنكى كۈيە ئۇلارنى كىيىمنى يەۋالغاندەك يەۋالىدۇ،
قۇرت يۇڭ يەۋالغاندەك يەۋالىدۇ؛
بىراق ھەققانىيلىقىم ئەبەدىلئەبەدگىچىدۇر،
مېنىڭ نىجاتىم دەۋردىن-دەۋرگىچىدۇر.

---

**7:51** زەب. 31:37؛ 118:6-7؛ يەش. 12:51

**8:51** يەش. 9:50

## خۇدانىڭ ۋەدىلىرىنى ئاڭلىغانلارنىڭ بىر دۇئاسى

9 ئويغان، ئويغان، كۈچنى ئۆزۈڭگە كىيىم قىلىپ كىيگەيسەن، ئى پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى!
قەدىمكى ۋاقىتلاردا،
ئۆتكەن زامانلاردىكى دەۋرلەردە ئويغانغىنىڭدەك ئويغان!
راھابنى قىيما-چىيما قىلىپ چېپىۋەتكەن،
ئەجدىھانى سانجىپ زەخىملەندۈرگەن ئەسلى سەن ئەمەسمۇ؟
10 دېڭىزنى، دەھشەتلىك ھاڭلاردىكى سۇلارنى قۇرۇتۇۋېتىپ،
دېڭىزنىڭ تەگلىرىنى سەن ھەمجەمەتلىك قىلىپ قۇتقۇزغانلارنىڭ
ئۆتۈش يولى قىلغان ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟
11 شۇڭا پەرۋەردىگار بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزغانلار قايتىپ كېلىدۇ،
ئۇلار ناخشىلارنى ئېيتىپ زىئونغا يېتىپ كېلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ باشلىرىغا مەڭگۈلۈك شاد-خۇراملىق قونىدۇ؛
ئۇلار خۇشاللىق ۋە شادلىققا ئېرىشىدۇ؛

---

**9:51 «ئويغان، ئويغان، كۈچنى ئۆزۈڭگە كىيىم قىلىپ كىيگەيسەن، ئى پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى!... راھابنى قىيما-چىيما قىلىپ چېپىۋەتكەن، ئەجدىھانى سانجىپ زەخىملەندۈرگەن ئەسلى سەن ئەمەسمۇ؟» —**
—(1) مۇشۇ ئايەتتە «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى»گە قارىتىلغان بىر دۇئا كۆرسىتىلىدۇ. مۇشۇ دۇئاغا بولغان بىرىنچى جاۋاب بىزنىڭچە 12-ئايەتتە خاتىرىلىنىدۇ ــ دېمەك، مەن ھەردائىم سەگەك تۇرىمەن، ساڭا تەسەللى ھەم كۈچ بەرگۈچىدۇرمەن. بىزنىڭچە ئىككىنچى جاۋاب 53-بابتا ئاشكارىلىنىدۇ.
—(2) «راھاب» ــ مىسىرنىڭ باشقا بىر ئىسمى، مەنىسى «ھاكاۋۇرلۇق»تۇر». بابىللىقلارنىڭ ھەم پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئەپسانىلىرىگە ئاساسەن، خۇدا دۇنيانى يارىتىپ تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال دېڭىزدا تۇرغان بەزى يامان كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ كۈچلەرنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى «راھاب» ئىدى. ئايەتكە قارىغاندا مۇشۇ كونا «ئەپسانىلەر»نىڭ مەلۇم ئاساسى بار؛ مۇشۇ يەردە خۇدا ئۆز خەلقىنى مىسىردىن چىقىرىپ قۇتقۇزغاندا، دېڭىزنى قۇرۇتقان، شۇنداق قىلىپ دېڭىزدىكى بارلىق «يامان كۈچلىرىنى» ئاسانلا ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.
—(3) بىزنىڭچە مۇشۇ يەردىكى «ئەجدىھا» 27-باب، 1-ئايەتتىكى «لېۋىئاتان»دۇر. «مىسىردىن چىقىش» ۋاقتىدا، خۇدا ئۇنى «سانجىغان»، بىراق تېخى ئۆلتۈرگەن ئەمەس. «لېۋىئاتان» شەيتاننىڭ بىر ئىپادىسى بولۇپ، (27-بابتا دېيىلگەندەك) ئاخىرقى زامانلاردا پۈتۈنلەي بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.
**10:51** يەش. 16:43

**قايغۇ-ھەسرەت ھەم ئۇھ-نادامەتلەر بەدەر قاچىدۇ.**
**12 سىلەرگە تەسەللى بەرگۈچى ئۆزۈم، ئۆزۈمدۇرمەن؛**
**ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ئىنساندىن،**
**تېنى ئوت-چۆپلەرگە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئىنسان بالىسىدىن**
**قورقۇپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟**
**13 ئاسمانلارنى كەرگەن،**
**يەر-زېمىننىڭ ئۇلىنى سالغان ياسىغۇچىڭ پەرۋەردىگارنى ئۇنتۇپ**
**يۈرىسەن،**
**شۇنداقلا كۈن بويى ھالاكەت يۈرگۈزمەكچى بولغان زالىمنىڭ قەھرىدىن**
**توختاۋسىز قورقۇپ يۈرىسەن؛**
**ئەمدى زالىمنىڭ قەھرى قېنى؟**
**14 باش ئەگكەن ئەسىر بولسا تېزدىن بوشىتىلىدۇ؛**
**ئۇ ھاڭغا چۈشمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆلمەيدۇ،**
**ئۇنىڭ رىسقىمۇ تۈگەپ قالمايدۇ.**

---

12:51 **«ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ئىنسان»** — ئىبرانيي تىلدا «ئۆلۈۋاتقان بىر ئىنسان» دېگەن قىزىق سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىزنىڭچە بۇنىڭ مەنىسى، خۇدانى تونۇمىغانلارنىڭ ھاياتىمۇ ئۆلگەن ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەتتۇر. **«سىلەرگە تەسەللى بەرگۈچى ... ئۆزۈمدۇرمەن؛ ... سېنىڭ تېنى ئوت-چۆپلەرگە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئىنسان بالىسىدىن قورقۇپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «سىلەر» ئىبرانيي تىلدا «ئەرەنچە رود»تا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بەلكىم بارلىق خەلقلەرنى، «سەن» بولسا «ئايالچە رود» شەكلىدە بولۇپ، بەلكىم «زىئون»نىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

12:51 زەب. 118:6-8؛ يەش. 7:51

13:51 **«ئاسمانلارنى كەرگەن، يەر-زېمىننىڭ ئۇلىنى سالغان ياسىغۇچىڭ پەرۋەردىگارنى ئۇنتۇپ يۈرىسەن، شۇنداقلا كۈن بويى ھالاكەت يۈرگۈزمەكچى بولغان زالىمنىڭ قەھرىدىن توختاۋسىز قورقۇپ يۈرىسەن...»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «سەن» ئىبرانيي تىلدا «ئەرەنچە رود»تا بولۇپ، بەلكىم زىئوندىن سۈرگۈن بولغانلارنى (يات ئەللەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغانلارنى) كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ 14-ئايەتنى كۆرۈڭ.

13:51 ئايۇپ 9:8؛ زەب. 104:2؛ يەش. 40:22؛ 42:5؛ 44:24

14:51 **«ئۇ ھاڭغا چۈشمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆلمەيدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ ئۆلۈكى (جىنايەتچىدەك) ئورىغا تاشلىۋېتىلمەيدۇ».

15 مەن بولسام دېڭىزنى قوزغاپ، دولقۇنلارنى ھۆركىرەتكۈچى پەرۋەردىگار خۇدايىڭدۇرمەن؛
«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» مېنىڭ نامىمدۇر؛
16 ۋە ئاسمانلارنى تىكلەشكە،
يەر-زېمىننىڭ ئۇلىنى سېلىشقا،
ۋە زىئونغا: «سەن مېنىڭ خەلقىمدۇر» دېيىشكە،
مەن سۆزۈمنى ئاغزىڭغا قويغانمەن،
سەن قولۇمنى قولۇمنىڭ سايىسى بىلەن ياپقانمەن.
17 ئى پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىكى قەھرلىك قەدەھنى ئىچىۋەتكەن يېرۇسالېم،
ئويغان، ئويغان، ئورنۇڭدىن تۇر؛
ئادەمنى ۋەھىمىگە سالغۇچى جام-قەدەھنى سەن ئىچتىڭ، بىراقلا كۆتۈرىۋەتتىڭ؛
18 ئۇنىڭ تۇغۇپ بەرگەن بارلىق بالىلىرى ئارىسىدا ئۇنى يېتەكلىگۇدەك ھېچكىم يوق،
ئۇنىڭ بېقىپ چوڭ قىلغان بارلىق بالىلىرىدىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يۆلىگۇدەك ھېچبىرىمۇ يوق.
19 بۇ ئىككى ئىش بېشىڭغا چۈشتى —
(كىم سەن ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتىپ يىغلار؟!)

---

15:51 **««ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» مېنىڭ نامىمدۇر»** — ئىبرانىي تىلىدا ««ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» ئۇنىڭ نامىدۇر».
16:51 **«ئاسمانلارنى تىكلەشكە، يەر-زېمىننىڭ ئۇلىنى سېلىشقا، ۋە زىئونغا: «سەن مېنىڭ خەلقىمدۇر» دېيىشكە، مەن سۆزۈمنى ئاغزىڭغا قويغانمەن، سەن قولۇمنى قولۇمنىڭ سايىسى بىلەن ياپقانمەن»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «سەن» بولسا ئەسلى 9-10-ئايەتتىكى «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى»، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ قولى»غا ئېيتىلغان گەپ بولۇشى كېرەك؛ شۇڭا بىز «سەن قولۇمنى ياپقانمەن» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. ئەمدى 16-ئايەتكە قارىغاندا خۇدانىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرى ئارىسىدا، يېڭى ئاسمان-زېمىننى بەرپا قىلىشمۇ بولغان بولىدۇ.
**17:51** يەش. 1:52

بۇلاڭچىلىق ھەم ۋەيرانچىلىق،
ئاچارچىلىق ھەم قىلىچ؛
مەنمۇ ساڭا تەسەللى بېرەلەيمەنمىكىن؟
[20] سېنىڭ بالىلىرىڭ ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كەتتى،
تورغا چۈشكەن جەرەندەك ھەربىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ياتىدۇ؛
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ قەھرى بىلەن،
خۇدايىڭنىڭ تەنبىھى بىلەن تولدۇرۇلدى؛
[21] شۇڭا ھازىر بۇنى ئاڭلاپ قوي، ئى خار بولغان،
مەست بولغان، بىراق شاراب بىلەن ئەمەس: ــ
[22] ئۆز خەلقىنىڭ دەۋاسىنى يۈرگۈزگۈچى رەببىڭ پەرۋەردىگار،
يەنى سېنىڭ خۇدايىڭ مۇنداق دەيدۇ: ــ
«مانا، مەن قولۇڭدىن ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان جام-قەدەھنى،
يەنى قەھرىمگە تولغان قەدەھنى ئېلىۋالدىم؛
سەن ئىككىنچى ئۇنىڭدىن ھېچ ئىچمەيسەن؛
[23] مەن ئۇنى سېنى خارلىۋاتقانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزىمەن؛
ئۇلار ساڭا: «بىز ئۈستۈڭدىن دەسسەپ ئۆتىمىز، ئېگىلىپ تۇر» دېدى؛
شۇنىڭ بىلەن سەن تېنىڭنى يەر بىلەن تەڭ قىلىپ،
ئۈستۈڭدىن ئۆتكۈچىلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭنى كوچىدىكى يول قىلدىڭ».

# 52

[1] ــ ئويغان، ئويغان، ئى زىئون، كۈچۈڭنى كىيىۋال،
ئى يېرۇسالېم، مۇقەددەس شەھەر، گۈزەل كىيىم-كېچەكلىرىڭنى كىيىۋال؛
چۈنكى بۇندىن باشلاپ سۈننەت قىلىنمىغانلار ياكى ناپاكلار ئىچىڭگە

---

19:51 **«مەنمۇ ساڭا تەسەللى بېرەلەيمەنمىكىن؟»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «مەندىن باشقا ھېچكىم ساڭا تەسەللى بېرەلمەيدۇ».

**19:51** يەش. 9:47

**20:51** يىغ. 11،12:2

ئىككىنچى كىرمەيدۇ.

2 تويا-چاڭدىن چىقىپ ئۆزۈڭنى سىلكىۋەت؛
ئورنۇڭدىن تۇر، ئولتۇرۇۋال، ئى يېرۇسالېم؛
ئۆزۈڭنى بوينۇڭدىكى زەنجىرلەردىن بوشىتىۋەتكىن، ئى تۇتقۇن بولغان زىئون قىزى!

3 چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«سىلەر ئۆزۈڭلارنى پۇلسىز سېتىۋەتكەنسىلەر؛
پۇلسىز قايتۇرۇپ سېتىۋېلىنىسىلەر».

4 چۈنكى مۇنداق دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار: ــ
خەلقىم دەسلەپتە مىسىرغا مۇساپىر سۈپىتىدە چۈشكەنىكەن،
شۇنداقلا يېقىندا ئاسۇرىيە ئۇلارنى ئەزگەن يەردە،

---

1:52 **«ــ ئويغان، ئويغان، ئى زىئون، كۈچ-قۇۋۋىتىڭنى كىيىۋال، ئى يېرۇسالېم، مۇقەددەس شەھەر، گۈزەل كىيىم-كېچەكلىرىڭنى كىيىۋال»** ــ بۇ ئايەتكە قارىغاندا خۇدانىڭ غەزىپى زىئوندىن ئۆتتى، مېھىر-شەپقەتلىك كۈنى كەلدى. بىراق قانداق سەۋەبتىن مۇنداق بولغانلىقىنى خۇدا پەيغەمبەرگە تېخى ئايان قىلمىغان؛ تۆۋەندە، 52:13-53:12دە سەۋەبى ئايان قىلىنىدۇ.
—**«گۈزەل كىيىم»** ــ ئىبرانيي تىلدا ئىبادەتخانىدا ئىشلەيدىغان «قۇربانلىق قىلغۇچى» كاھىنلارنىڭ مەخسۇس كىيىم-كېچەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، زىئوندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كاھىنلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇداغا يېقىنلىشىپ، مەخسۇس ئىبادەت قىلىش ھوقۇقى بار بولىدۇ.
2:52 **«تويا-چاڭدىن چىقىپ ئۆزۈڭنى سىلكىۋەت؛ ئورنۇڭدىن تۇر، ئولتۇرۇۋال، ئى يېرۇسالېم»** ــ مۇشۇ ئايەتنى 47-باب، 1-ئايەت بىلەن سېلىشتۇرساق، يېرۇسالېمنىڭ ئەھۋالى بابىلنىڭكىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. شۇ يەردە «ئى بابىلنىڭ پاك قىزى، كېلىپ تويا-چاڭغا ئولتۇر؛ ئى كالدىيلەرنىڭ قىزى، تەختىڭ يوق يەرگە ئولتۇر!» دېيىلىدۇ. شۇ ئايەتكە قارىغاندا يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغان ئورنى بىر تەخت بولىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.
3:52 **«پۇلسىز قايتۇرۇپ سېتىۋېلىنىسىلەر»** ــ «پۇلسىز» ياكى «پۇل بىلەن ئەمەس» ــ دېمەك، مۇشۇ ھۆرلۈكنىڭ بىر باھاسى بار. قانداق باھا تېخى ئايان قىلىنمىغان؛ 52:13-53:12-ئايەتلەرگە كەلگەندىلا زور قىممەتلىك باھا ئايان قىلىنىدۇ.
4:52 **«خەلقىم دەسلەپتە مىسىرغا مۇساپىر سۈپىتىدە چۈشكەنىكەن، شۇنداقلا يېقىندا ئاسۇرىيە ئۇلارنى ئەزگەن يەردە،...»** ــ مۇمكىنچىلىكى باركى، مىسىردىكى ئىسرائىللارغا زالىم بولغان پىرەۋن ئەسلىدە ئاسۇرىيەلىك ئىدى (ئۇ «ھىسكوس»لاردىن چىققان). ئەمما بىزنىڭچە «ئاسۇرىيەلىك» مۇشۇ يەردە سەنناخېرىب قاتارلىق ئاسۇرىيە پادىشاھلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
**4:52** يار. 6:46

5 (ئەمدى ھازىر خەلقىم پۇلسىز ئېلىپ كېلىنگىنىدە، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار)
مېنىڭ كارىم بولمامدىكەن؟
ئۇلار ئۇستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئۇلارنى زار قاقشاتقان، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ
شۇنداقلا نامىم بولسا كۈن بويى توختاۋسىز ھاقارەتلەنگەن تۇرسا،
مېنىڭ كارىم بولمامدىكەن؟!»
6 شۇڭا ئۆز خەلقىم مېنىڭ نامىمنى بىلىدۇ؛
شۇڭا شۇ كۈنى ئۇلار مېنىڭ «ئۇ» ئىكەنلىكىمنى، شۇنداقلا ئۇلارغا:
«كۆر، مېنى!» دەيدىغانلىقىمنى بىلىدۇ.

## پەرۋەردىگار زىئونغا كېلىدۇ!

7 تاغلار ئۈستىدە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ ئاياغلىرى
نېمىدېگەن گۈزەل-ھە!
ئۇ ئارام-خاتىرجەملىكنى جاكارلايدۇ،
بەختلىك خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كېلىدۇ،
نىجات-قۇتۇلۇشنى ئېلان قىلىدۇ،

---

5:52 «... **ئەمدى ھازىر خەلقىم پۇلسىز ئېلىپ كېلىنگىنىدە، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار مېنىڭ كارىم بولمامدىكەن؟ ئۇلار ئۇستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئۇلارنى زار قاقشاتقان، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ شۇنداقلا نامىم بولسا كۈن بويى توختاۋسىز ھاقارەتلەنگەن تۇرسا، مېنىڭ كارىم بولمامدىكەن؟!»** ــ 4- ۋە 5-ئايەتنىڭ مەنىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلاش كېرەك. ياقۇپنىڭ جەمەتى ئىسرائىل ئەسلىدە مىسىر پادىشاھىنىڭ تەكلىپى بىلەن شۇ يەرگە بارغان؛ كېيىنكى دەۋردىكى پىرەۋن ئىسرائىلغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۇلارنى ئېزىشكە باشلىغان. خۇدا ئۇلارنى كارامەت مۆجىزىلەر بىلەن قۇتقۇزغان. «يېقىندا» (4-ئايەت) ئاسۇرىيە ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلغان (بۇ ئىش خۇدانىڭ تەربىيە جازاسىنى قىسمەن كۆرستىشى ئۈچۈن بولغان)، بىراق خۇدا يەنىلا ئۇلارنى كارامەت يول بىلەن قۇتقۇزغان. «ئەمدى ھازىر...» ئىسرائىللار (خۇدانىڭ جازاسى ئۇلارنىڭ ئۇستىدە ئادا قىلىنغاندىن كېيىن) ئىنتايىن بىئادىل مۇئامىلىگە مۇپتىلا بولسا، خۇدا چوقۇم تېخىمۇ كارامەت ئىشلارنى كۆرستىپ ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ، دېمەكچى.
—**«ئۇلار ئۇستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئۇلارنى زار قاقشاتقان»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار ئۇستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار مازاق قىلغان».
**5:52** ئەز. 36:23،20؛ رىم. 24:2

**ئۇ زىئونغا: «خۇدايىڭ ھەممىگە ھۆكۈم سۈرىدۇ!»**
**[8] كۆزەتچىلىرىڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلا!**
**ئۇلار ئاۋازىنى كۆتۈرىدۇ، ناخشىلارنى ياڭرىتىپ تووۋلايدۇ؛**
**چۈنكى پەرۋەردىگار زىئوننى ئېلىپ قايتقاندا، ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ!**
**[9] ئى يېرۇسالېمنىڭ خارابىلىرى، ناخشىلارنى ياڭرىتىپ تەنتەنە قىلىڭلار!**
**چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە تەسەللى بەرگەن،**
**ئۇ يېرۇسالېمنى ھەمجەمەتلىك قىلىپ قۇتقۇزغان!**
**[10] پەرۋەردىگار ئەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا ئۆز مۇقەددەس بىلىكىنى ئېچىپ ئايان قىلغان؛**
**شۇنىڭ بىلەن يەر-زېمىنىنىڭ بارلىق چەت-ياقىلىرى خۇدايىمىزنىڭ نىجات-قۇتۇلۇشىنى كۆرىدۇ.**

---

**7:52** ناھ. 1:2؛ رىم. 15:10
**8:52 «... پەرۋەردىگار زىئوننى ئېلىپ قايتقاندا...»** ــ دېمەك، پەرۋەردىگار زىئوننى (ئۆز خەلقىنى) ئەسلىدىكى جايىغا قايتۇرىدۇ. باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگار زىئوننى ئەسلىگە كەلتۈرگىنىدە...»، «پەرۋەردىگار زىئونغا قايتقاندا...». ئەمەلىيەتتە بۇلار بىر گەپ ــ «زەك.» 16:1نى كۆرۈڭ.
**10:52 «پەرۋەردىگار ئەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا ئۆز مۇقەددەس بىلىكىنى ئېچىپ ئايان قىلغان»** ــ دېمەك، خۇدا كارامەت ئىش قىلىشقا تەييار تۇرۇش ئۈچۈن «يەڭنى تۈرگەن»! **«يەر-زېمىنىنىڭ بارلىق چەت-ياقىلىرى خۇدايىمىزنىڭ نىجات-قۇتۇلۇشىنى كۆرىدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە «كۆرۈش» بەلكىم كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ھەم ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈشنىمۇ بىلدۈرىدۇ.
**10:52** زەب. 98:1-2؛ لۇقا 6:3

11 چىقىپ كېتىڭلار، چىقىپ كېتىڭلار؛
ھېچ ناپاك نەرسىگە تەگمەي شۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار؛
ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ كېتىڭلار؛
پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس قاچا-قۇچىلىرىنى كۆتۈرگۈچىلەر،
ئۆزۈڭلارنى پاك تۇتۇڭلار؛
12 چۈنكى سىلەر ئالدىرىغان پېتى ئەمەس،
پاتىپاراق قاچقان پېتى ئەمەس چىقىپ كېتىسىلەر؛
چۈنكى پەرۋەردىگار ئالدىڭلاردا ماڭىدۇ،
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى ئارقا مۇھاپىزەتچىڭلار بولىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىنىڭ قۇربانلىقى ـ ئۆلۈمى، دەپنە قىلىنىشى ھەم تىرىلدۇرۇلۇشى

13 «ـ كۆرۈڭلاركى، مېنىڭ قۇلۇم دانالىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ،
ئۇ ئالەم ئالدىدا كۆتۈرۈلىدۇ، يۇقىرى ئورۇنغا چىقىرىلىدۇ، ناھايىتى
ئالىي ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈلىدۇ.
14 لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر سېنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران قېلىشىدۇ،
چۈنكى ئۇنىڭ چىرايى باشقا ھەرقانداق ئىنسانىڭكىدىن كۆپ
زەخىملەنگەن،
قۇلىنىڭ قىياپىتى شۇ دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەنكى، ئۇنىڭدا ھەتتا

---

11:52 **«مۇقەددەس قاچا-قۇچىلار»** ــ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئىشلىتىلىدۇ. مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن قانۇنغا ئاساسەن بۇ قاچا-قۇچىلارنى پەقەت كاھىنلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەمجەمەتتىكىلىرى (پاك ھالەتتە بولسا) كۆتۈرسە بولىدۇ؛ بىراق 1-ئايەتكە قارىغاندا، خۇدانىڭ بارلىق خەلقىنىڭ مۇشۇ ئىمتىيازى بار.

**11:52** 2كور. 17:6؛ ۋەھ. 4:18

**13:52** **«ـــ كۆرۈڭلاركى، مېنىڭ قۇلۇم دانالىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ...»** ــ «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» توغرۇلۇق «قۇل كۈيلەنگەن ناخشا» دېگەن ئاتاقلىق تۆت شېئىر بار. بۇ «ناخشىلار» 1:42-9-ئايەت، 1:49-13-ئايەت، 4:50-11-ئايەت ھەم 13:52-12:53-ئايەتكىچە داۋام قىلىدۇ
ــ«كۆرۈڭلاركى... مېنىڭ قۇلۇم...» دېگەن سۆزلەر ئەڭ ئاخىرقى «قۇل كۈيلەنگەن ناخشا»نىڭ باشلىنىشىدۇر. مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى «ناخشا» ئىلگىرىكى ناخشىلارنىڭ سىرلىرىنى يېشىپ بېرىدۇ.

**13:52** يەش. 2:11، 3؛ ئەف. 20:1، 21؛ فىل. 9:2-11

ئادەم سىياقىمۇ قالمىغان!
15 ئۇ شۇ يول بىلەن نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئۈستىگە قان چاچىدۇ.
ھەتتا شاھ-پادىشاھلارمۇ ئۇنىڭ كارامىتىدىن ئاغزىنى تۇتۇپلا قالىدۇ؛
چۈنكى ئۆزلىرىگە ئەزەلدىن ئېيتىلمىغاننى ئۇلار كۆرەلەيدۇ،
ئۇلار ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغاننى چۈشىنەلەيدۇ.

## داۋامى

53 1 بىزنىڭ خەۋىرىمىزگە كىممۇ ئىشەنگەن؟
ھەم «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» بولغۇچى كىمگىمۇ ئايان قىلىنغان؟
2 ئۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خۇددى يۇمران مايسىدەك،
ياكى خۇددى قاغجىراق تۇپراقتا تارتقان بىر يىلتىزدەك ئۈسىدۇ؛

**14:52** **«لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر سېنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران قېلىشىدۇ»** — «سېنى» شۈبھىسىزكى «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نى كۆرسىتىدۇ.
**14:52** يەش. 3:53
**15:52** **«ئۇ شۇ يول بىلەن نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئۈستىگە قان چاچىدۇ»** — تەۋراتتا، مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋاننىڭ قېنى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى «يېپىلاتتى» ياكى «يۇيۇلاتتى». گاھىدا، بۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، كاھىنلار (ئىبادەتخانىدا ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلغۇچى مەخسۇس خادىملار) قۇربانلىقنىڭ قېنىنى كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە چاچاتتى ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى يۇيىلاتتى. بىز تەرجىمىدە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن «قان» دېگەن سۆزنى قوشتۇق. بۇلار ئىبرانىي تىلىدا بىر سۆز بىلەن، يەنى «چاچىدۇ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمدى مۇشۇ يەردە زادى قانداق قۇربانلىقنىڭ قېنىنى «چاچىدۇ»؟ جاۋاب كېيىنكى ئايەتلەردە تېپىلىدۇ.
**15:52** مىس. 6:24، 8؛ رىم. 21:15
**1:53** **«بىزنىڭ خەۋىرىمىزگە كىممۇ ئىشەنگەن؟ ھەم «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» بولغۇچى كىمگىمۇ ئايان قىلىنغان؟»** — مۇشۇ ئايەتتىن كۆرەلەيمىزكى: —
—(1) «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» بىر شەخس بولىدۇ (2-، 3-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). تۆۋەندىكى 2-12-ئايەتلەرگىمۇ قارىغاندا، «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» بىلەن «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» بىر گەپ.
—(2) پەرۋەردىگارنىڭ «ئايان قىلىشى» ياكى ۋەھىيسى بولمىسا، ھېچكىم ئۇنى تونۇيالمايدۇ.
**1:53** مىس. 6:6؛ 6:15؛ زەب. 1:98؛ يەش. 5:51، 9، 10؛ يۇھ. 38:12؛ رىم. 16:10

**ئۇنىڭدا جەزبىدارلىق ياكى ھەيۋە يوق بولىدۇ،**
**بىز ئۇنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بىزنى جەلب قىلغۇدەك تەقى-تۇرقىمۇ يوق بولىدۇ.**
3 **ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ؛**
**ئۇ كۆپ دەرد-ئەلەملىك ئادەم بولۇپ،**
**ئۇنىڭغا ئازاب-ئوقۇبەت يار بولىدۇ؛**
**شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن يۈزلەر قاچۇرۇلىدۇ؛**
**ئۇ كەمسىتىلىدۇ، بىز ئۇنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس دەپ ھېسابلىدۇق.**
4 **بىراق ئەمەلىيەتتە بولسا،**
**ئۇ بىزنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىمىزنى كۆتۈردى،**
**ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.**
**بىز بولساق، بۇ ئىشلارنى ئۇ ۋاباغا ئۇچرىغانلىقىدىن،**
**خۇدا تەرىپىدىن جازالىنىپ ئۇرۇلغانلىقىدىن،**

---

2:53 **«ئۇ ... خۇددى قاغجىراق تۇپراقتا تارتقان بىر يىلتىزدەك ئۆسىدۇ؛ ئۇنىڭدا جەزبىدارلىق ياكى ھەيۋە يوق بولىدۇ، بىز ئۇنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بىزنى جەلب قىلغۇدەك تەقى-تۇرقىمۇ يوق بولىدۇ»** ــ «پەرۋەردىگارنىڭ قولى»نىڭ تۇغۇلۇشى ھەم ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى گەرچە مۆجىزە بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مايسا ۋە يىلتىزلار قانداقمۇ قاغجىراق يەردىن ئۈنۈپ چىقسۇن؟!

**2:53** ئايۇپ 11:8

3:53 **«ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ،...»** ــ كىشىلەر: ــ «كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇشى ۋە تۇرقى جەھەتتىن مۇشۇنداق ئاددىي ئادەم قانداقمۇ «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» بولىدۇ؟» دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

**3:53** زەب. 22:6-8؛ يەش. 49:7؛ 52:14؛ مار. 9:12

**شۇنداقلا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقىدىن دەپ قارىدۇق!**
**[5] لېكىن ئۇ بىزنىڭ ئاسىيلىقلىرىمىز تۈپەيلىدىن يارىلاندى،**
**بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن زەخىملەندى؛**
**ئۇنىڭ جازالىنىش بەدىلىگە، بىز ئارام-خاتىرجەملىك تاپتۇق،**
**ھەم قامچىدىن بولغان يارىلىرى ئارقىلىق بىز شىپالىق تاپتۇق.**
**[6] ھەممىمىز خۇددى قويلاردەك يولدىن ئېزىپ،**
**ھەربىرىمىز ئۆزىمىز خالىغان يولغا ماڭغانىدۇق؛**
**بىراق پەرۋەردىگار ھەممىمىزنىڭ قەبىھلىكىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىپ يۈكلىدى.**
**[7] ئۇ قىينىلىپ، ئازاب چەككەن بولسىمۇ ئېغىز ئاچمىدى؛**
**ئۇ خۇددى بوغۇزلاشقا يېتىلەپ مېڭىلغان پاقلاندەك بوغۇزلاشقا ئېلىپ مېڭىلدى،**
**شۇنداقلا يۇڭ قىرقىغۇچىلار ئالدىدا قوي ئۈن-تىنسىز ياتقاندەك، ئۇ**

---

4:53 **«بىراق ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ بىزنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىمىزنى كۆتۈردى، ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىز بولساق، بۇ ئىشلارنى ئۇ ...خۇدا تەرىپىدىن جازالىنىپ ئۇرۇلغانلىقىدىن، شۇنداقلا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقىدىن دەپ قارىدۇق!»** ـــ بۇ بېشارەتتە پېئىللار كۆپىنچە «ئۆتكەن زامان شەكلىدە» يېزىلغانلىقى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بىر ئاز غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بۇ بېشارەتلەر بولسا، كەلگۈسى، يەنى تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلارنى ئالدىن ئېيتقان بولسا، نېمىشقا «ئۆتكەن زامان شەكلىدە» ئىپادىلىنىدۇ؟ ئىشىنىمىزكى، ھەممىگە قادىر خۇدايىمىز ئالدىدا، كەلگۈسىدىكى، يەنى تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلار خۇددى بۇرۇنقى ياكى بولغۇنىكى ئىشلارغا ئوخشاشلا روشەن ھەم ئېنىق تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ بېشارەتلەردە، يەشايا پەيغەمبەر مۇقەددەس روھنىڭ قابىلىيىتى بىلەن كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر زاماندا بولۇپ ئۆتكىنىدەكلا، بېشارەت بېرىلگەن ئىشلارنى، ئاللىبۇرۇن يۈز بېرىپ بولغان ئىشلارنى كۆرگەندەك ئېنىق كۆرىدۇ. پېئىلنىڭ «ئۆتكەن زامان شەكلى»نى ئىشلىتىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، خۇدانىڭ نەزىرىدىكى «ئۆزىنىڭ قۇلى»نىڭ ئۆلۈمى، ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئىش، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك بىر پاكىت.

4:53 مات. 17:8

5:53 **«ۇنىڭ جازالىنىش بەدىلىگە، بىز ئارام-خاتىرجەملىك تاپتۇق»** ـــ ئىبرانىي تىلدا «بىزگە ئارام-خاتىرجەملىك يەتكۈزگۈچى جازا ئۇنىڭ بېشىغا چۈشتى».

5:53 رىم. 25:4؛ 1كور. 3:15؛ 1پېت. 24:2

6:53 1پېت. 25:2

**زادىلا ئېغىز ئاچمىدى.**
**[8] ئۇ قاماپ قويۇلۇپ، ھەق سوراقتىن مەھرۇم بولۇپ ئېلىپ كېتىلدى،**
**ئەمدى ئۇنىڭ ئەۋلادىنى كىممۇ بايان قىلالىسۇن؟!**
**چۈنكى ئۇ تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدىن ئېلىپ كېتىلدى،**
**مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئاسىيلىقى ئۈچۈن ئۇ ۋابا بىلەن ئۇرۇلدى.**
**[9] كىشىلەر ئۇنى رەزىللەر بىلەن ئورتاق بىر گۆرگە بېكىتكەن بولسىمۇ،**
**لېكىن ئۇ ئۆلۈمىدە بىر باي بىلەن بىللە بولدى،**
**چۈنكى ئۇ ھېچقاچان زوراۋانلىق قىلىپ باقمىغان،**
**ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىزمۇ ھىيلە-مىكىرلىك سۆز تېپىلماس.**
**[10] بىراق ئۇنى ئېزىشنى لايىق كۆرگەن پەرۋەردىگاردۇر؛**

---

7:53 **«ئۇ قىينىلىپ، ئازاب چەككەن بولسىمۇ ئېغىز ئاچمىدى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ قىينالدى، بىراق ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ ئاغزىنى ئاچمىدى». **«ئۇ خۇددى بوغۇزلاشقا يېتىلەپ مېڭىلغان پاقلاندەك بوغۇزلاشقا ئېلىپ مېڭىلدى، شۇنداقلا يۇڭ قىرقىغۇچىلار ئالدىدا قوي ئۈن-تىنسىز ياتقاندەك، ئۇ زادىلا ئېغىز ئاچمىدى»** — مۇشۇ پاقلانلار ۋە قويلار نېمە ئىشنىڭ ئۆز ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە؛ بىراق قۇل بىلدۇ ھەم پۈتۈن ۋۇجۇدى ھەم ئىختىيارى بىلەن ئۆزىنى پەرۋەردىگارنىڭ خالىغىنى شۇ دەپ ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

**7:53** مات. 63:26؛ 12،14:27؛ مار. 61:14؛ 5:15؛ روس. 32:8

8:53 **«ئۇ قاماپ قويۇلۇپ، ھەق سوراقتىن مەھرۇم بولۇپ ئېلىپ كېتىلدى»** — باشقا بىر-ئىككى خىل تەرجىمىسى بار: — «ئۇ قاماپ قويۇلۇپ، سوراققا تارتىلىش بىلەن ئېلىپ كېتىلدى» ياكى «ئۇ رەھىمسىزلىك بىلەن، ھېچ سوراققا تارتىلمايلا ئېلىپ كېتىلدى»، ياكى «ئۇ خار قىلىنغاندا، ئۇ (ئادىل) سوت قىلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى». **«ئەمدى ئۇنىڭ ئەۋلادىنى كىممۇ بايان قىلالىسۇن؟!»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۆزىنىڭ دەۋرىدىكىلەر بولسا، (ئۇلار ئارىسىدا) كىم (بۇ ئىشلارغا) ئەتىۋارلىدى»**.**

**8:53** زەب. 30:22؛ يەش. 10:53

9:53 **«ئۇ ئۆلۈمىدە ...»** — ئىبرانىي تىلىدا مۇشۇ يەردىكى «ئۆلۈمى» دېگەن سۆز، «كۆپلۈك شەكلىدە»، «ئۆلۈملىرى» دەپ ئېلىنغان؛ بۇ سۆز «قۇل»نىڭ ئۆلۈمىنىڭ دەھشەتلىك بولغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك بولغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. **«ئۇ ئۆلۈمىدە بىر باي بىلەن بىللە بولدى»** — مۇشۇ بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى، ئىنجىل «مات.» 57:27-ئايەتتىن ياكى «يۇھ.» 38:19-ئايەتتىن ئېنىق تېپىلىدۇ.

**9:53** 1پېت. 22:2؛ مات. 57:27-60

**ئۇ ئۇنى ئازابقا چۆمۈلدۈرگۈزدى.**
**گەرچە ئۇ ئۆز جېنىنى گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىق قىلغان بولسىمۇ،**
**لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنى چوقۇم كۆرۈپ تۇرىدۇ،**
**شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنلىرى ئۇزارتىلىدۇ؛**
**ۋە پەرۋەردىگارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنىدىغان ئىشلار ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، راۋاج تېپىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.**
**11 ئۇ ئۆزى تارتقان جاپانىڭ مېۋىسىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولىدۇ؛**
**ھەققانىي بولغۇچى مېنىڭ قۇلۇم ئۆزىنىڭ بىلىملىرى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ھەققانىيلىقنى يەتكۈزىدۇ.**
**چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ.**

---

10:53 **«گەرچە ئۇ ئۆز جېنىنى گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىق قىلغان بولسىمۇ،...»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «گەرچە ئۇ (خۇدا) ئۇنىڭ جېنىنى گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىق قىلغان بولسىمۇ،...»

—مۇشۇ ئايەتتىكى «گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىق» (ئىبرانىي تىلىدا «ئاشام» دېيىلىدۇ)، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات 3-قىسىم، يەنى «قۇربانلىقنامە» سۈپىتىدە بولغان «لاۋىيلار» دېگەن كىتابتا، مۇشۇ خىل قۇربانلىق «ئادەم بىلەن خۇدا»نى ھەمدە «ئادەم بىلەن ئادەم»نى ئىناقلاشتۇرىدىغان، يەنى «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى» دەپ ئاتالغان («لاۋىيلار»، 55-بابنى كۆرۈڭ).

—**«ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنلىرى ئۇزارتىلىدۇ»** ــ پەرۋەرەردىگارنىڭ قۇلى 8-ئايەتكە ئاساسەن پەرزەنتسىز «ئەۋلادى يوق» ھالدا ئۆلدى. بىراق مۇشۇ بايانلارغا ئاساسەن ئۇ ھازىر ھايات ھەمدە ئۇنىڭ بىر ئائىلىسى بولىدۇ. ئۇلار كىم؟ ئاۋۋالقى بابتىكى 15-ئايەتتە «قان چېچىلغان» نۇرغۇن «يات ئەللەر»، يەنى تۆۋەندىكى 11- ھەم 12-ئايەتتىكى ئۆزىگە ئىشەنگەن، «ھەققانىيلىق يەتكۈزۈلگەن» «نۇرغۇن كىشىلەر» بولماي كىم بولسۇن؟ ئۇ ئۆلگەن بولسا، مۇشۇ ئىش ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن بولۇشى كېرەك؛ دېمەك، پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى ئۆلۈمدىن تىرىلىدۇ.

—**«پەرۋەردىگارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنىدىغان ئىشلار ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ... ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ»** ــ مۇشۇ بايانغا ئاساسەن، قۇل ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن خۇدا ئۇنىڭ قولىغا ئالەمدىكى بارلىق ئىشلارنى تاپشۇرىدۇ.

**10:53** زەب. 30:22؛ يەش. 8:53؛ يەش. 18:8؛ زەب. 89:26-29؛ مات. 1:1؛ يـۇھ. 24:12؛ رىم. 18:5 ،19؛ 1پېت. 9:2

11:53 **«ھەققانىي بولغۇچى مېنىڭ قۇلۇم ئۆزىنىڭ بىلىملىرى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ھەققانىيلىقنى يەتكۈزىدۇ»** ــ مۇشۇ يەردىكى «نۇرغۇن كىشىلەر» ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان مۆمىن بەندىلەر، يەنى ئۇنىڭ (10-ئايەتتىكى) «ئۇرۇق-ئەۋلادى» بولىدۇ. «نۇرغۇن كىشىلەر» دېيىلگىنى «ھەممە ئادەم» دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

**11:53** ئىبر.2:12؛ رىم.18:5، 19

12 بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن مەن شۇ «نۇرغۇن كىشلەر»نى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ نېسىۋىسى قىلىمەن،
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى كۈچلۈكلەرنى غەنىمەت سۈپىتىدە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىغان بولىدۇ؛
چۈنكى ئۇ تا ئۆلۈشكە قەدەر «شاراب ھەدىيە»نى تۆككەندەك، ئۆز جېنىنى تۆكۈپ بەردى،
شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدا سانىلىشىغا يول قويدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن كىشلەرنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى،
ئۆزىنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلدى».

## پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىنىڭ ئەجرىنىڭ بىرىنچى نەتىجىسى
## زىئوننىڭ خۇدانىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئىناقلىشىشى

54 1 — تەنتەنە قىل، ئى پەرزەنت كۆرمىگەن تۇغماس ئايال!
ناخشىلارنى ياڭرات، شادلىنىپ تولۇلا، ئى تولغاق تۇتۇپ

---

12:53 «بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن مەن شۇ «نۇرغۇن كىشلەر»نى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ نېسىۋىسى قىلىمەن» — «نۇرغۇن كىشلەر» ئۆزىنىڭ ئائىلىسى (10-ئايەتتىكى) «ئۇرۇق-ئەۋلادى»، خۇدا ئۇنىڭغا بەرگەن «روھىي پەرزەنتلىرى»، «ئۆزىنىڭ ئادەملىرى»دۇر.
—«شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى كۈچلۈكلەرنى غەنىمەت سۈپىتىدە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىغان بولىدۇ» — مۇشۇ «كۈچلۈكلەر» بەلكىم 52-باب، 15-ئايەتتىكى «شاھ-پادىشاھلار» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. دېمەك، پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى «پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى»، شاھىنشاھ بولىدۇ.
—«ئۇ تا ئۆلۈشكە قەدەر «شاراب ھەدىيە»نى تۆككەندەك، ئۆز جېنىنى تۆكۈپ بەردى» — مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىلغا بېرىلگەن «قۇربانلىق تۈزۈمى»دە، پۈتۈنلەي خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلىدىغان «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» ئۈستىگە «شاراب ھەدىيە» تۆكۈلىدۇ؛ بۇ «قۇربانلىقنىڭ تولۇقلىمىسى» دەپ قارىلىدۇ.
—«ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدا سانالدى» — بەلكىم ئىككى مەنىسى تەڭ بولۇشى مۇمكىن؛ (1) ئۆزىنى ئاسىيلارغا ۋەكىل قىلىپ ئۇلار ئۈچۈن جازا تارتتى؛ (2) ئۆزى «جىنايەتچى» دەپ قارالدى (ئىبرانىي تىلدا «ئاسىيلىق قىلغۇچىلار» ھەم «جىنايەتچىلەر» بىر سۆز).
**12:53** مار. 28:15؛ لۇقا 37:22؛ 34:23؛ روس. 18:28؛ كول. 15:2؛ مات. 28:20

**باقمىغان ئايال!**
**چۈنكى غېرىب ئايالنىڭ بالىلىرى ئېرى بار ئايالنىڭكىدىن كۆپتۇر!**
**ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ**
**2 چېدىرىڭنىڭ ئورنىنى كېڭەيتىپ،**
**تۇرالغۇلىرىڭنىڭ ئېتەكلىرىنى ئۇلار يايسۇن؛**
**كۆچۈڭنى ھېچ ئايىماي چېدىر تانىلىرىڭنى ئۇزارتقىن،**
**قوزۇقلىرىڭنى چىڭىتقىن؛**
**3 چۈنكى سەن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە كېڭىيىسەن؛**
**سېنىڭ ئەۋلادىڭ باشقا ئەللەرنى ئىگەلەيدۇ؛**
**ئۇلار غېرىب شەھەرلەرنى ئاھالىلىك قىلىدۇ.**
**4 قورقما، چۈنكى سەن ھېچ خىجالەتتە بولمايسەن،**
**ھېچ ئۇياتقا قالدۇرۇلمايسەن،**
**چۈنكى يەرگە ھېچ قارىتىلىپ قالمايسەن،**
**چۈنكى ياشلىقىڭدىكى خىجىلچانلىقنى ئۇنتۇيسەن،**
**تۇللۇقۇڭنىڭ ئاھانىتىنى ھېچ ئېسىڭگە كەلتۈرەلمەيسەن.**
**5 چۈنكى سېنى يارىتىپ شەكىللەندۈرگۈچىڭ بولسا سېنىڭ ئېرىڭ،**
**ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۇنىڭ نامى؛**
**ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىڭ بولسا ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى،**
**ئۇ بارلىق يەر-زېمىننىڭ خۇداسى دەپ ئاتىلىدۇ.**
**6 چۈنكى پەرۋەردىگار سېنى چاقىردى،**
**خۇددى ئېرى ئۆزىدىن ۋاز كەچكەن، كۆڭلى سۇنۇق بىر ئايالدەك،**

1:54 **«غېرىب ئايالنىڭ بالىلىرى»** ــ شۈبھىسىزكى، ««پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى» دېگەنلىك بىلەن باراۋەردۇر. چۈنكى مۇشۇ بالىلارنىڭ غېرىب ئايال ئۆزى تۇغمىغان. مۇشۇ بابتىكى بارلىق بەرىكەتلەر يەنە شۈبھىسىزكى، قۇلنىڭ جاپالىق ئەجرىدىن كەلگەن نەتىجىدۇر. قۇلنىڭ «بىرىنچى ۋەزىپىسى» «ياقۇپنى خۇداغا يىغىپ قايتۇرۇش»تۇر. مۇشۇ بابتىكى تېما دەل شۇدۇر.
**1:54** گال. 27:4
2:54 **«تۇرالغۇلىرىڭنىڭ ئېتەكلىرىنى ئۇلار يايسۇن»** ــ «ئۇلار» بەلكىم قايتىپ كەلگەن «غېرىب ئايالنىڭ بالىلىرى» (1-ئايەت).

ياشلىقىدا ياتلىق بولۇپ ئاندىن تاشلىۋېتىلگەن بىر ئايالنى
چاقىرغاندەك چاقىردى» ــ دەيدۇ سېنىڭ خۇدايىڭ؛
7 مەن بىر دەقىقە سەندىن ئايرىلىپ كەتتىم،
بىراق زور كۆيۈمچانلىق بىلەن سېنى يېنىمغا يىغىمەن؛
8 غەزىپىمنىڭ تېشىشى بىلەن مەن بىر دەقىقىلا يۈزۈمنى سەندىن
يوشۇرۇپ قويدۇم؛
بىراق مەڭگۈلۈك مېھىر-مۇھەببىتىم بىلەن ساڭا كۆيۈمچانلىق
كۆرسىتىمەن» ــ دەيدۇ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىڭ پەرۋەردىگار.
9 مۇشۇ ئىشلار خۇددى نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى توپان سۇلىرىدەك
بولىدۇ ــ
مەن نۇھ دەۋرىدىكى سۇلار ئىككىنچى يەر يۈزىنى بېسىپ ئۆتمەيدۇ
دەپ قەسەم ئىچكىنىمدەك، ــ
مەن شۇنداق قەسەم ئىچكەنمەنكى،
سەندىن ئىككىنچى غەزەپلەنمەيمەن،
ساڭا ئىككىنچى تەنبىھ بەرمەيمەن.
10 چۈنكى تاغلار يوقىلىدۇ،
دۆڭلەرمۇ يۆتكىلىپ كېتىدۇ،
بىراق مېھىر-مۇھەببىتىم سەندىن ھەرگىز كەتمەيدۇ،
ساڭا ئارام-خاتىرجەملىك بەرگەن ئەھدەممۇ سەندىن نېرى بولمايدۇ»
دەيدۇ ساڭا كۆيۈمچانلىق قىلغۇچى پەرۋەردىگار.

---

**6:54 «خۇدا سېنى ... خۇددى ئېرى ئۆزىدىن ۋاز كەچكەن، كۆڭلى سۇنۇق بىر ئايالدەك، ياشلىقىدا ياتلىق بولۇپ ئاندىن تاشلىۋېتىلگەن بىر ئايالنى چاقىرغاندەك چاقىردى» ــ** دېگەن سۆزلەر مۇشۇ يەردە مۇھىم. ئىسرائىل: «خۇدا مېنى تاشلاپ كەتتى» دېگەن تۇيغۇدا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا خۇدا ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتتى؛ ئۇلارنىڭ خۇدادىن يۈز ئۆرۈشى بىلەن خۇدا ئۇلاردىن «ئاجرىشىپ كەتكەن». بۇ ئىشلار 50-باب، 1-3-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان. بىراق مۇشۇ يەردە خۇدا ئۆز شەپقىتىنى كۆرسىتىپ بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالمايدۇ؛ ئۇ پەقەتلا 8-، 9-ئايەتتە: ــ «مەن (سەندىن غەزەپلىنىپ) بىر دەقىقە سەندىن ئايرىلىپ كەتتىم» ــ دەيدۇ.

**9:54** يار. 11:9

## يېڭى يېرۇسالېمنىڭ پارلاق كېلەچىكى

11 ئى خار بولغان، بوراندا ئۇيان-بۇيان چايقالغان، ھېچ تەسەللى قىلىنمىغان قىز،
مانا، مەن تاشلىرىڭنى رەڭدار سېمونت لاي بىلەن قىرلايمەن،
كۆك ياقۇتلار بىلەن ئۇلۇڭنى سالىمەن؛
12 پارقىراق مۇنارلىرىڭنى لەئەللەردىن،
دەرۋازىلىرىڭنى چاقناق ياقۇتلاردىن،
بارلىق سېپىللىرىڭنى جاۋاھىراتلاردىن قىلىپ ياسايمەن.
13 سېنىڭ بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئۆگىتىلىدۇ؛
بالىلىرىڭنىڭ ئارام-خاتىرجەملىكى زور بولىدۇ!
14 سەن ھەققانىيلىق بىلەن تىكلىنىسەن؛
سەن زۇلۇمدىن يىراق، (چۈنكى سەن ھېچ قورقمايسەن)
ۋەھشەتتىنمۇ يىراق تۇرغۇچى بولىسەن،
چۈنكى ئۇ ساڭا ھېچ يېقىنلاشمايدۇ.
15 مانا، بىرەرسى ھامان يىغىلىپ ساڭا ھۇجۇم قىلسا،
(بىراق بۇ ئىش مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولغان ئەمەس)،
كىمكى يىغىلىپ ساڭا ھۇجۇم قىلسا سېنىڭ سەۋەبىڭدىن يىقىلىدۇ.

---

12:54 **«پارقىراق مۇنارلىرىڭنى لەئەللەردىن، ... بارلىق سېپىللىرىڭنى جاۋاھىراتلاردىن قىلىپ ياسايمەن»** ــ كونا دەۋرلەردە بەزى شەھەرلەردىكى سېپىلدا مۇنارلارغا ئاپتاپنىڭ ئەكسى چۈشىدىغان تاش ئەينەكلەر ئورنىتىلىپ، «قۇياشلار» دەپ ئاتىلاتتى. مۇشۇ يەردە بىز «پارقىراق مۇنارلار» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.
**13:54** يۇھ. 45:6

[16] مانا، كۆمۈر ئوتنى يەلپۈتۈپ،
ئۆزىگە مۇۋاپىق بىر قورالنى ياسىغۇچى تۆمۈرچىنى مەن ياراتقانمەن،
ھەم خار قىلىش ئۈچۈن ھالاك قىلغۇچىنىمۇ مەن ياراتقانمەن؛
[17] ساڭا قارشى ياسالغان ھېچقانداق قورال كارغا كەلمەيدۇ؛
ساڭا ئەرز-شىكايەت قىلغۇچى ھەربىر تىلنى سەن مات قىلىسەن.
مانا شۇلار پەرۋەردىگارنىڭ قۇللىرىنىڭ ئالىدىغان مىراسىدۇر!
ئۇلارنىڭ ھەققانىيلىقى بولسا مەندىندۇر!

## پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىنىڭ ئەجرىنىڭ ئىككىنچى نەتىجىسى
## ئۇنىڭ دۇنياغا سۇنغان يېڭى ھاياتقا ئىگە بولۇشقا تەكلىپى

55 [1] ھوي! بارلىق ئۇسساپ كەتكەنلەر،
سۇغا كېلىڭلار!
پۇلى يوقلار، كېلىڭلار، ئاش-نان سېتىۋېلىپ يەڭلار؛
مانا كېلىڭلار، نە پۇل نە بەدەل تۆلىمەيلا شاراب ھەم سۈت

---

16:54 **«مانا، كۆمۈر ئوتنى يەلپۈتۈپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق بىر قورالنى ياسىغۇچى تۆمۈرچىنى مەن ياراتقانمەن، ھەم خار قىلىش ئۈچۈن ھالاك قىلغۇچىنىمۇ مەن ياراتقانمەن»** ــ دېمەك، مەن بولمىسام مۇشۇ قوراللار ھەم ئىشلەتمەكچى بولغۇچىلار بولمايتتى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قولۇمدا، مەن بىلەن دوست بولساڭ ئۇلارنىڭ ۋەھىمىلىرى نېمە ھېسابلىناتتى؟ 17-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.
17:54 **«مانا شۇلار پەرۋەردىگارنىڭ قۇللىرىنىڭ ئالىدىغان مىراسىدۇر!»** ــ مۇشۇ ئايەتكىچە يەشايا «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نى پەقەت بىرلىك شەكلىدە تىلغا ئالدى. بىراق «يېڭى يېرۇسالېم»دا «پەرۋەردىگارنىڭ قۇللىرى» بار ــ يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى، ئۇ گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈپ قۇتقۇزغان «ھەققانىيلىق يەتكۈزگەن»لىرى بار. ئۇلار ھازىر بەلكىم «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»غا ئوخشاش پەزىلەتلىك، گۈزەل مۇھەببەتلىك خاراكتېرىدا بولۇپ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئوخشاش خۇداغا تولۇق ئىبادەتلىك خىزمەت قىلىدۇ.

**سىتىۋېلىڭلار؛**
**2 نېمىشقا ھەقىقىي ئاش-نان بولمايدىغان نەرسىگە پۇل خەجلەيسىلەر؟**
**ئەجرىڭلارنى ئادەمنى ھېچ قانائەتلەندۈرمەيدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن**
**سەرپ قىلىسىلەر؟**
**گېپىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار، ياخشىسىدىن يەڭلار،**
**كۆڭلۈڭلار مولچىلىقتىن قانائەتلىنىدۇ؛**
**3 ماڭا قۇلاق سېلىڭلار، يېنىمغا كېلىڭلار؛**
**ئاڭلاڭلار، جېنىڭلار ھاياتقا ئېرىشىدۇ؛**
**ۋە مەن سىلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بىر ئەھدە تۈزۈپ بېرىمەن: ــ**
**شۇ ئەھدە ــ داۋۇتقا ۋەدە قىلىنغان مېھىر-شەپقەتلەردۇر!**

---

1:55 **«سۇغا كېلىڭلار!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «سۇ» كۆپلۈك شەكلىدە بولۇپ («سۇلارغا كېلىڭلار!»)، سۇنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. **«پۇلى يوقلار، كېلىڭلار، ئاش-نان سېتىۋېلىپ يەڭلار؛ مانا كېلىڭلار، نە پۇل نە بەدەل تۆلىمەيلا شاراب ھەم سۈت سېتىۋېلىڭلار!»** ــ خۇدا يەشايا ئارقىلىق كوچىدىكى ساتارمەندەك پۈتۈن دۇنياغا سۆز قىلىدۇ. بىراق ئۇ ھېچقانداق گەپ ساتمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمدى خۇدانىڭ مۇشۇ ئىلتىپاتىغا پۇل بىلەن ئېرىشكىلى بولمىسا، ئۇنىڭغا قانداق باھادا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ جاۋاب دەل 3-ئايەتتە دېيىلىدۇ: ــ ئۇ بولسا پەقەتلا ئادەمنىڭ خۇداغا قۇلاق سېلىشتىكى دىققىتىدىن ئىبارەت. چۈنكى 53-بابتا كۆرگىنىمىزدەك، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى بارلىق ئىنسان ئۈچۈن قۇربان بولۇپ بەدەل تۆلەيدۇ.

1:55 يـۇھ. 7:38،37

2:55 **«نېمىشقا ھەقىقىي ئاش-نان بولمايدىغان نەرسىگە پۇل خەجلەيسىلەر؟ ئەجرىڭلارنى ئادەمنى ھېچ قانائەتلەندۈرمەيدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىسىلەر؟»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇش كېرەككى، 44-باب، 20-ئايەتتە، خۇدا ئۆزىنى تونۇمىغانلار توغرۇلۇق «ئۇنىڭ يېگىنى كۈللەردۇر!» دېگەنىدى. **«كۆڭلۈڭلار مولچىلىقتىن قانائەتلىنىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «جېنىڭلار مولچىلىقتىن قانائەتلىنىدۇ».

3:55 **«مەن داۋۇتقا ۋەدە قىلغان مېھىر-شەپقەتلەر»** ــ مۇشۇ سۆزلەر «زەبۇر» 18-كۈي ھەم 89-كۈيدىن ئېلىنغان. خۇدا شۇ كۈيلەردە داۋۇت پەيغەمبەرگە ئىككى ۋەدىنى بەرگەن: (1) داۋۇتنىڭ بىر ئەۋلادى ئۇنىڭ تەختىدە مەڭگۈ ئولتۇرىدۇ. (2) مۇشۇ ئەۋلادى پەقەت ئىسرائىلغىلا ئەمەس، بەلكى جاھاندىكى بارلىق ئەل-يۇرتلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. تۆۋەندىكى 4-ئايەتتە مۇشۇ كىشى دەل «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنىدۇ؛ ئۇنىڭ شاپائىتى بىلەن مۇشۇ بەرىكەتلەر «نە بەدەل نە پۇل تۆلىمەيلا» ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

3:55 روس. 13:34

4 مانا، مەن ئۇنى ئەل-يۇرتلارغا گۇۋاھچى سۈپىتىدە،
ئەل-يۇرتلارغا يېتەكچى ھەم سەركەردە سۈپىتىدە تەقدىم قىلدىم —
5 — «مانا، سەن ئۆزۈڭگە يات بىر ئەلنى چاقىرىسەن،
سېنى بىلمىگەن بىر ئەل يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ؛
سەۋەبى بولسا پەرۋەردىگار خۇدايىڭ، ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ ئۆزىدۇر؛
چۈنكى ئۇ سېنى ئۇلۇغلاپ ساڭا گۈزەللىك-جۇلالىقنى يار قىلدى».
6 — ئىزدەڭلار پەرۋەردىگارنى، ئۇ ئۆزىنى تاپقۇزماقچى بولغان پەيتتە؛
ئۇ يېقىن تۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا نىدا قىلىڭلار!
7 رەزىل ئادەم ئۆز يولىنى،
ناھەق ئادەم ئۆز ئوي-خىياللىرىنى تاشلىسۇن،
پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلسۇن،
ئۇ ئۇنىڭغا رەھىمدىللىق كۆرسىتىدۇ؛
خۇدايىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلسۇن،
ئۇ زور كەچۈرۈم قىلىدۇ.
8 چۈنكى مېنىڭ ئويلىغانلىرىم سىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىڭلار ئەمەس،
مېنىڭ يوللىرىم بولسا سىلەرنىڭ يوللىرىڭلار ئەمەستۇر؛
9 چۈنكى ئاسمان يەردىن قانچە يۇقىرى بولغىنىدەك،
مانا ئۆز يوللىرىم سىلەرنىڭ يوللىرىڭلاردىن،
مېنىڭ ئويلىغانلىرىم سىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىڭلاردىن شۇنچە يۇقىرىدۇر.

---

**4:55 «مانا، مەن ئۇنى ... يېتەكچى ھەم سەركەردە سۈپىتىدە تەقدىم قىلدىم» —** بۇ ئايەتتىكى «ئۇنى» — مۇشۇ يەردە يەنە «داۋۇتقا ۋەدە قىلىنغان مېھىر-شەپقەتلەر» بولغان «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نى كۆرسىتىدۇ (6:42، 6:49-8نى كۆرۈڭ). شۇنىڭدەك 5-ئايەتتىكى «سەن» دېگەن سۆزمۇ شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نى كۆرسىتىدۇ.

**5:55 «مانا، سەن ئۆزۈڭگە يات بىر ئەلنى چاقىرىسەن، سېنى بىلمىگەن بىر ئەل يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ... چۈنكى ئۇ سېنى ئۇلۇغلاپ ساڭا گۈزەللىك-جۇلالىقنى يار قىلدى» —** مۇشۇ ئايەتتە «سەن» يەنە «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز قۇلى»نى كەرسىتىدۇ، سۆزلەر ئۇنىڭغا ئېيتىلىدۇ.

**[10] يامغۇر ھەم قار ئاسماندىن چۈشۈپ،**
**يەر يۈزىنى سۇغىرىپ ئۇنى كۆكەرتىپ، چېچەكلىتىپ،**
**تېرىغۇچىغا ئۇرۇقنى، يېگۈچىگە ئاش-نانىنى تەمىنلىگۈچە قايتمايدىغاندەك،**
**[11] مانا مېنىڭ ئاغزىمدىن چىققان سۆز-كالامىم شۇنداقتۇر؛**
**ئۆز كۆڭلۈمدىكىنى ئەملگە ئاشۇرمىغۇچە،**
**ئۇنى ئەۋەتىش مەقستىمگە تولۇق يەتمىگۈچە،**
**ئۇ ئۆزۈمگە بىكاردىن-بىكار قايتمايدۇ.**
**[12] چۈنكى سىلەر شاد-خۇرام ھالدا چىقىسىلەر؛**
**ئارام-خاتىرجەملىكتە يېتەكلىنىپ چىقىسىلەر؛**
**تاغلار ھەم دۆڭلەر سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ناخشا ياڭرىتىدۇ،**
**دالالاردىكى بارلىق دەل-دەرەخلەر چاۋاك چېلىشىپ تەنتەنە قىلىدۇ؛**

---

11:55 **«مېنىڭ ئاغزىمدىن چىققان سۆز-كالامىم ... ئۇنى ئەۋەتىش مەقستىمگە تولۇق يەتمىگۈچە، ...ئۆزۈمگە بىكاردىن-بىكار قايتمايدۇ.»** ــ مۇشۇ سۆزلەر 6-10-ئايەتلەر بىلەن تولۇق باغلىنىدۇ. خۇدانىڭ ئويلىرى گۇناھكار ئىنسانىنىڭكىدىن شۇنچە يۇقىرى بولسىمۇ، خۇدانىڭ كۈچلۈك سۆزى توۋا قىلغان ئادەمنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە ھەمراھلىققا ئىگە قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇدانىڭ ئويلىرىنى ھەم يوللىرىنى چۈشىنىشكە باشلاپ، خۇدانىڭ سىرلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق بولۇش ئىمتىيازىغا ئېرىشتۈرۈلىدۇ.

12:55 **«چۈنكى سىلەر شاد-خۇرام ھالدا چىقىسىلەر...»** ــ ئۇلار زادى نەدىن چىقىدۇ؟ ئاخىرقى زامانلاردا، بەلكىم خۇدانىڭ يولىدا ماڭغانلار زىئونغا قاراپ ئۆز يۇرتلىرىدىن چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ بىراق شۇ ئارىلىقتا، ھەربىر توۋا قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ بىر «چىقىشى» بولۇشى كېرەك؛ ئۆزىنىڭ تاللىغان يوللىرىدىن، گۇناھلىرىدىن، شەخسىيەتچىلىكىدىن، تەكەببۇرلۇقىدىن، بارلىق ئەنئەنىۋي كۆزقاراشلىرىدىن خۇدانىڭ يېڭىلىقىغا ھەم چاقىرىقىغا قاراپ «چىقىشى» كېرەك. ئەمدى مۇشۇ يول جاپالىق ھەم «خەتەرلىك» بولغىنى بىلەن ئۇ بەربىر يەنىلا جاھان-ئالەمدىكى ئەڭ شاد-خۇرام ھەم ئەھمىيەتلىك يولدۇر.

**12:55** 1تار. 33:16

13 يانتاقلىقنىڭ ئورنىدا قارىغاي،
جىغانلىقنىڭ ئورنىدا خاداس دەرىخى ئۆسىدۇ؛
مۇشۇلار بولسا پەرۋەردىگارغا بىر نام كەلتۈرىدۇ،
مەڭگۈگە ئۈزۈلمەس كارامەت بولىدۇ.

## «يەشايا» 3-قىسمى
## ئاخىرقى زامانلارنى، تەلتۆكۈس نىجاتلىقنى كۈتۈش
## رەبگە تەشنا بولغانلارنى، كەمسىتىلگەنلەرنى، مۇساپىرلارنى
## رىغبەتلەندۈرۈش

56 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ئادالەت ھەم ھىدايەتتە چىڭ تۇرۇڭلار،
ھەققانىيلىقنى يۈرگۈزۈۋېرىڭلار؛
چۈنكى مېنىڭ نىجاتىم يېقىنلاشتى،
ھەققانىيلىقىم ئايان قىلىناي دەۋاتىدۇ،
2 مۇشۇلارنى قىلغۇچى كىشى،
مۇشۇلاردا چىڭ تۇرغۇچى ئىنسان بالىسى ــ
شابات كۈنىنى بۇلغىماي پاك-مۇقەددەس ساقلىغۇچى،
قولىنى ھەرقانداق رەزىللىكتىن تارتقۇچى كىشى نېمىدېگەن

13:55 **«يانتاقلىقنىڭ ئورنىدا قارىغاي، جىغانلىقنىڭ ئورنىدا خاداس دەرىخى ئۆسىدۇ»** ــ دېمىسەكمۇ، ئىككى خىل دەرەخ (قارىغاي ۋە خاداس) «دائىم يېشىل تۇرىدىغان» دەرەخلەردۇر.

1:56 **«ئادالەت ھەم ھىدايەت»** ــ (ئىبرانىي تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) ــ مۇشۇ يەردە مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن مۇقەددەس قانۇن-پەرمانلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**بەختلىكتۇر!**

**3 ئۆزىنى پەرۋەردىگارغا باغلىغان يات يۇرتلۇق ئادەم: ــ «پەرۋەردىگار**
**چوقۇم مېنى ئۆز خەلقىدىن ئايرىۋېتىدۇ!»،**
**ياكى ئاغۋات بولغان كىشى: ــ «مانا، قاقشال بىر دەرەخمەن!» دېگۈچى**
**بولمىسۇن.**
**4 چۈنكى پەرۋەردىگار: ــ مەن ئۆز «شابات كۈنلىرىم»نى ساقلايدىغان،**
**كۆڭلۈمدىكى ئىشلارنى تاللىغان،**
**ئەھدەمدە چىڭ تۇرىدىغان ئاغۋاتلارغا مۇنداق دەيمەنكى: ــ**
**5 مەن ئۇلارغا ئۆز ئۆيۈمدە،**
**يەنى ئۆز تاملىرىم ئىچىدە ئورۇن ھەم نام-ئاتاق ئاتا قىلىمەن؛**
**مۇشۇ نام-ئاتاق ئوغۇل-قىزلىرى بارلارنىڭكىدىن ئەۋزەلدۇر؛**

---

2:56 **«شابات كۈنى»** ــ ئىبرانىي تىلدا ھەم «يەتتىنچى» ھەم «توختىتىش» دېگەن مەنىدە. خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىلغا «يەتتىنچى كۈنى»دە، يەنە شەنبە كۈنىدە ئۆز شەخسىي ئىش-خىزمىتىنى توختىتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىدە دەم ئېلىشنى بۇيرۇغان. ئەلۋەتتە، مۇنداق قىلىش ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ، بولۇپمۇ ئىسرائىللاردەك دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتنىڭ ھەقىقىي ئىمان-ئىشەنچى بار-يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىشتۇر. مەيلى سودىگەر ياكى دېھقان بولسۇن: ــ «شەنبە كۈنىدە ئىشلىسەم ئالغان پايدام بەلكىم ئالتىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولار» ــ دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

3:56 **«ياكى ئاغۋات بولغان كىشى: ــ «مانا، قاقشال بىر دەرەخمەن!» دېگۈچى بولمىسۇن** ــ «ئاغۋات» پىچىۋېتىلگەن ئادەم. كونا جەمئىيەتلەردە ئۇلار پادىشاھلارنىڭ ياكى بايلارنىڭ ھەرەمخانىلىرىدا ئايال-كېنىزەكلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى قىلاتتى. مۇشۇ يەردە ئاغۋاتلار بەلكىم بارلىق مېيىپلەرگە، بارلىق ئورنى پەسلەرگە، بارلىق كۆزگە ئىلىنمايدىغان كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن.

**مەن ئۇلارغا ئۇزۇلمەس، مەڭگۈلۈك نامنى بېرىمەن.**
**[6] پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا،**
**ئۇنىڭ نامىغا سېغىنىشقا،**
**ئۇنىڭ قۇللىرى بولۇشقا پەرۋەردىگارغا ئۆزىنى باغلىغان،**
**شابات كۈنىنى بۇلغىماي پاك-مۇقەددەس ساقلىغان،**
**ئەھدەمنى چىڭ تۇتقان يات يۇرتلۇقنىڭ پەرزەنتلىرىنى بولسا،**
**[7] ئۇلارنىمۇ ئۆز مۇقەددەس تېغىمغا ئېلىپ كېلىمەن،**
**مېنىڭ دۇئاگاھ بولغان ئۆيۈمدە ئۇلارنى خۇشال قىلىمەن؛**
**ئۇلارنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرى ھەم تەشەككۇر قۇربانلىقلىرى**
**مېنىڭ قۇربانگاھىم ئۈستىدە قوبۇل قىلىنىدۇ؛**
**چۈنكى مېنىڭ ئۆيۈم «بارلىق ئەل-يۇرتلار ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدىغان**
**ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ.**
**[8] ئىسرائىلدىن تارقىلىپ كەتكەن غېرىبلارنى يىغىپ قايتۇرىدىغان**
**رەب پەرۋەردىگار: ــ**

---

5:56 **«مەن ئۇلارغا ئۆز ئۆيۈمدە، يەنى ئۆز تاملىرىم ئىچىدە ئورۇن ھەم نام-ئاتاق ئاتا قىلىمەن»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۆيۈم» بولسا، خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسى. ئەسلىدە مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان قانۇنغا ئاساسەن، ئاغۋاتلار ۋە مېيىپلار ئىبادەتخانىغا كىرىشكە بولمايتتى؛ بىراق «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» قىلغان ئىشلاردىن كېيىن كىرىشكە بولىدىغان بولغان؛ مۇشۇنداق بولۇپلا قالماي، خۇدا ئۇلارغا «مۇقىم ئورۇن»نى بېرىدۇ، دېمەك خالىسا مەڭگۈ تۇرىدىغان بىر جاينى بېرىدۇ.
—ئەسلىي ئىبرانىيچە تېكستتە «قول ۋە نام-ئاتاق ئاتا قىلىمەن» دېيىلگەن. بىز ئۇنى «ئورۇن ۋە نام-ئاتاق ئاتا قىلىمەن» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. «قول» بىزنىڭچە «تۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئورۇن» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئاغۋاتلارنىڭ مۇقەددەس چېدىرغا ياكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا كىرىش ھوقۇقى يوق ئىدى («قان.» 1:23)
—«ئورۇن ھەم نام-ئاتاق ئاتا قىلىمەن...» باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «نام-ئەمەل ئابىدىسى تىكلەيمەن،...».
—**«... ئۇلارغا... نام-ئاتاق ئاتا قىلىمەن.... مۇشۇ نام-ئاتاق ئوغۇل-قىزلىرى بارلارنىڭكىدىن ئەۋزەلدۇر؛ مەن ئۇلارغا ئۇزۇلمەس، مەڭگۈلۈك نامنى بېرىمەن»** ــ ئاغۋاتنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.
**7:56** مات. 13:21؛ مار. 17:11؛ لۇقا 46:19

مەن يەنە ئۇنىڭغا باشقىلارنى،
يەنى يىغىلىپ بولغانلارغا باشقىلارنىمۇ قوشۇپ يىغىمەن! ــ دەيدۇ.

## ئىسرائىلدىكى يېتەكلىگۈچىلەرگە بولغان بىر بېشارەت

[9] ــ ئى دالالاردىكى بارلىق هايۋانلار، كېلىپ ئوزۇقتىن ئېلىڭلار،
ئورمانلىقتىكى بارلىق هايۋانلار، كېلىڭلار!
[10] ئىسرائىلنىڭ كۆزەتچىلىرى هەممىسى قارىغۇ؛
ئۇلار هېچ بىلمەيدۇ؛
هەممىسى قاۋاشنى بىلمەيدىغان گاچا ئىتلار،
چۈشەكەپ ياتىدىغان، ئۇيقۇغا ئامراقلار!
[11] مۇشۇ ئىتلار بولسا نەپسى يامان، تويغاننى بىلمەيدۇ،
ئۇلار بولسا خەلقىمنى «باققۇچى»لارمىش تېخى!
ئۇلار يورۇتۇلۇشنى هېچ بىلمەيدۇ،
ئۇلارنىڭ هەممىسى خالىغانچە يول تاللاپ قېيىپ كەتكەن،
بىرسىمۇ قالماي هەربىرى ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ يۈرگۈچىلەر!
[12] ئۇلار: «قېنى، شاراب كەلتۈرىمەن،
هاراقنى قانغۇچە ئىچەيلى؛
ئەتىمۇ بولسا بۈگۈنكىدەك بولىدۇ،
تېخىمۇ مولچىلىق بولىدۇ يەنە!» ــ دېيىشىدۇ.

---

9:56 **«ئى دالالاردىكى بارلىق هايۋانلار، كېلىپ ئوزۇقتىن ئېلىڭلار، ئورمانلىقتىكى بارلىق هايۋانلار، كېلىڭلار!»** ــ خۇدا ئۆزىنىڭ جازالىشىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىشقا هايۋانلارنى تەكلىپ قىلىدۇ.

11:56 **«مۇشۇ ئىتلار بولسا نەپسى يامان، تويغاننى بىلمەيدۇ، ئۇلار بولسا خەلقىمنى «باققۇچى»لارمىش تېخى!»** ــ «باققۇچى» ياكى «كۆزەتچى» (يېتەكلىگۈچى)نىڭ ئىككى مۇهىم رولى بار: ــ (1) كۆزەتچىلىك؛ يەنى سىرتتىن كېلىدىغان خەۋپ-خەتەر ئەهۋالىدىن خەلقنى ئاگاهلاندۇرۇپ تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى تېپىش؛ (2) «باققۇچىلىق»؛ ئۆز خەلقىگە كۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ ئەهۋالىنى ئوبدان چۈشىنىپ خەۋەر ئېلىشتۇر.

## قاراڭغۇلۇقتا بېرىلگەن نۇر

57 [1] ھەققانىي ئادەم ئالەمدىن ئۆتىدۇ،
ھېچكىم بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؛
مېھرىبان ئادەملەر يىغىپ ئېلىپ كېتىلىدۇ،
بىراق ھېچكىم ئويلاپ چۈشىنەلمەيدۇكى،
ھەققانىي ئادەملەر يامان كۈنلەرنى كۆرمىسۇن دەپ يىغىپ ئېلىپ
كېتىلىدۇ.
[2] ئۇ بولسا ئارام-خاتىرجەملىك ئىچىگە كىرىدۇ؛
يەنى ئۆزلىرىنىڭ دۇرۇس يولىدا ماڭغان ھەربىر كىشى،
ئۆز ئورنىدا يېتىپ ئارام ئالىدۇ.

## «پاھىشە ئايال»، ئۇنىڭ «بالىلىرى» ھەم توۋا قىلغان ئادەم

[3] بىراق سەنلەر، ئى جادۇگەر ئايالنىڭ بالىلىرى،
زىناخور بىلەن پاھىشە ئايالنىڭ نەسلى؛
بۇياققا يېقىن كېلىڭلار؛
[4] سىلەر كىمنى مازاق قىلىۋاتىسىلەر؟
ياكى كىمگە قارشى ئاغزىڭلارنى كالچايتىپ،
تىلىڭلارنى ئۇزۇن چىقىرىسىلەر؟
سىلەر بولساڭلار ئاسىيلىقتىن تۆرەلگەن بالىلار،
ئالدامچىلىقنىڭ نەسلى ئەمەسمۇسىلەر؟
[5] ھەربىر چوڭ دەرەخ ئاستىدا،
ھەربىر يېشىل دەرەخ ئاستىدا شەھۋانىيلىق بىلەن كۆيۈپ كەتكۈچى،
كىچىك بالىلارنى جىلغىلارغا ھەم خادا تاشلارنىڭ يېرىقلىرىغا ئېلىپ

---

**1:57** زەب. 1:12؛ مىك. 2:7

**2:57 «...دۇرۇس يولىدا ماڭغان ھەربىر كىشى، ئۆز ئورنىدا يېتىپ ئارام ئالىدۇ»** — «ئۆز ئورنىدا يېتىپ ئارام ئالىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى، «ئورنىدا سەكراتتا ياتقان» ياكى «گۆردە ياتقان» دېگەنلىك بولسا كېرەك؛ مەيلى قايسى مەنىدە بولسۇن، ئاساسىي مەنىسى، ئۇلار ئۆلۈشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ روھى خۇدانىڭ ئارامىغا كىرىدۇ.

**سويغۇچىسلەر!**
**6 ئېرىقتىكى سىلىقلانغان تاشلار ئارىسىدا سېنىڭ نېسىۋەڭ باردۇر؛**
**شۇلار، شۇلارلا سېنىڭ تەقسىماتىڭدۇر؛**
**شۇنداق، سەن ئۇلارغا ئاتاپ شاراب ھەدىيەسىنى قۇيۇپ،**
**ئۇلارغا ئاشلىق ھەدىيەسىنىمۇ سۇنۇپ بەردىڭغۇ؛**
**ئەمدى مۇشۇلارغا رازى بولۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋالسام بولامتى؟**
**7 سەن يۇقىرى، ئېگىز بىر تاغ ئۈستىدە ئورۇن-كۆرپە سېلىپ قويدۇڭ،**

---

5:57 **«ھەربىر يېشىل دەرەخ ئاستىدا شەھۋانىيلىق بىلەن كۆيۈپ كەتكۈچى، كىچىك بالىلارنى جىلغىلارغا ھەم خادا تاشلارنىڭ يېرىقلىرىغا ئېلىپ سويغۇچىسلەر!» —** قانائاندا (پەلەستىندە) بۇتپەرەسلىك ئىنتايىن پەسكەشلىشىپ ئۇچىغا چىققانىدى: (1) پەلەستىنلىكلەر «بائال» دېگەن مەبۇدقا «يەرنى مۇنبەت، ئاياللارنى تۇغۇمچان قىلىدۇ» دەپ چوقۇنغان. مۇشۇ بۇتنى «ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن» ئۇلار دەل-دەرەخلەر (بولۇپمۇ دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخلەر ئاستىدا) شۇ مەبۇدقا «نەزىر قىلىنغان» پاھىشە ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەتتى؛ (2) ئۇلار «ئۆلۈمنى باشقۇرىدىغان» «مولوق» دېگەن باشقا بىر مەبۇدنى «مەمنۇن قىلىش» ئۈچۈن، ئۆز بالىلىرىنى ئوتقا تاشلايتتى ياكى قىلىچلايتتى. يەشايانىڭ مۇشۇ يەردە بۇ ئىككى ئىشنى تىلغا ئېلىشى، بۇلارنىڭ پاجىئەلىك ماھىيىتىنى كۆرسەتمەكچى؛ ئۇلار بىر بۇتتىن «بالىلارنى سوراپ»، ئاندىن ئۇلارنى يەنە بىر بۇتقا ئاتاپ سويىدۇ.

—بىراق مۇشۇ يەردە بۇتپەرەسلىك قىلىدىغانلار پەلەستىندىكىلەر ئەمەس، بەلكى «پەلەستىنلىكلەردىن بۇتپەرەسلىكنى ئۆگەنگەن» ئىسرائىللارنىڭ ئۆزى. ئۇلار ئەسلىدە ئۆزلىرىنى مىسىردىن قۇتقۇزغان خۇداسىغا «سادىق، ۋاپادار ئايال»دەك بولۇشى كېرەك ئىدى؛ بىراق بۇنىڭ ئورنىدا، ئۇلار «پاھىشە ئايال» ھەم ئۇنىڭ بالىلىرى بولۇپ كەتكەنىدى.

6:57 **«ېرىقتىكى سىلىقلانغان تاشلار ئارىسىدا سېنىڭ نېسىۋەڭ باردۇر» —** مۇشۇنىڭ مەنىسى بەلكىم ئېرىقتا ياتقان تاشلار سۇنىڭ ئېرىتىشى بىلەن بەزىدە تەبىئىي ھالدا ئادەمزاتنىڭ شەكلىگە كەلگەن بولۇپ، خەلق تەرىپىدىن ئۆز بۇتلىرى بولۇشقا تاللىنىدۇ. يەشايا مۇشۇ يەردە «سىلىقلانغان تاشلار» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ چاقچاق قىلىدۇ. بۇ ئىبرانىي تىلىدا «خەلەك» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە: «تېيىلغاق، ئالدامچى، خەتەرلىك»، دېگەن يەنە بىر مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

—«نېسىۋەڭ» ئىبرانىي تىلىدا «خالاق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇسا پەيغەمبەر ئەسلىدە ئىسرائىلغا: «پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ نېسىۋەڭلاردۇر» دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان نېسىۋىنىڭ («خالاق»نىڭ) ئورنىدا بىر «خەلەك»نى، يەنى بىر «ئالدامچى نەرسە»نى تاللىغان.

**«مۇشۇلارغا رازى بولۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋالسام بولامتى؟» —** دېمەك، مۇشۇ ئىشلاردىن ئۆتۈپ جازالىماي قويۇشۇم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

**سەن ئاشۇ يەردىمۇ قۇربانلىقلارنى قىلىشقا چىقتىڭ.**
**8 ئىشىكلەرنىڭ كەينىگە ۋە كەينى كىشەكلىرىگە**
**«ئەسلەتمىلىرىڭ»نى بېكىتىپ قويدۇڭ،**
**چۈنكى سەن مەندىن ئايرىلدىڭ،**
**سەن يالىڭاچلىنىپ ئورنۇڭغا چىقتىڭ؛**
**ئورۇن-كۆرپەڭنى كېڭەيتىپ خېرىدارلىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئەھدىلەشتىڭ؛**
**ئۇلارنىڭ ئورۇن-كۆرپىسىگە كۆڭلۈڭ چۈشتى،**
**سەن ئۇلاردا كۈچ-ھوقۇقنى كۆرۈپ قالدىڭ.**
**9 سەن زەيتۇن مېيى ھەدىيىسىنى ئېلىپ،**
**ئەتىرلىرىڭنى ئۈستىبېشىڭگە بولۇشىغا چېچىپ،**
**پادىشاھنىڭ ئالدىغا باردىڭ؛**
**ئەلچىلىرىڭنى يىراققا ئەۋەتىپ،**

---

7:57 **«سەن ئاشۇ يەردىمۇ قۇربانلىقلارنى قىلىشقا چىقتىڭ»** ــ ئۇلار ھېچ نومۇس قىلماي، ئوچۇق-ئاشكارا (ئېگىز تاغ ئۈستىدە) بۇتپەرەسلىك قىلىپ تۇراتتى.

8:57 **«ئىشىكلەرنىڭ كەينىگە ۋە كەينى كىشەكلىرىگە «ئەسلەتمىلىرىڭ»نى بېكىتىپ قويدۇڭ»** ــ مۇسا پەيغەمبەر ئىسرائىللارغا خۇدانىڭ پاكلىقىنى ئەسلىتىش يولىدا ئۆي ئىشىكىنىڭ سىرتقى ئىككى يېنىغا تەۋراتتىكى بىرقانچە سۆزنى ئويۇش ياكى تاختا ئۈستىگە پۈتۈپ چاپلاشنى بۇيرۇغانىدى. «پاھىشە ئايال» مۇشۇ «ئەسلەتمىلەر»نى سىرتىغا ئەمەس، ئىچىگە بېكىتكەن. ئايال ئۈچىغا چىققان بىر بۇتپەرەس بولغىنى بىلەن، يەنىلا «پەرۋەردىگار بار بولسا مېنى جازالايدۇ» دەپ ئەنسىرەپ (باشقىلاردىن يوشۇرۇن ھالدا) مۇشۇ تاختىلارنى بېكىتكەن. بىراق ئۇنىڭ مۇنداق قىلغىنى خۇدانى بۇتلارنىڭ قاتارىغا قويغىنىغا باراۋەر. «پاھىشە ئايال»غا نىسبەتەن، مۇشۇ ئەسلەتمە تاختىلارنى ئىشىك كەينىدە بېكىتىش پۈتۈنلەي خۇراپىي بىر ئىش، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن «تىلتۇمار»غا ئوخشاشلا، خالاس (تەۋراتتا تىلتۇمارلار مەنئى قىلىنغان، ئەلۋەتتە).

—**«سەن ئۇلاردا كۈچ-ھوقۇقنى كۆرۈپ قالدىڭ»** ــ ئەسلىدە «سەن ئۇلاردا بىر قولنى كۆرۈپ قالدىڭ» دېگەنلىك. «بىر قول» بەلكىم «ئازغىنە كۈچ-ھوقۇق»نى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. «پاھىشە ئايال» مۇشۇنى كۆرۈپلا دەرھال «بۇنىڭدىن پايدىلانمىسام بولمايدۇ» دەپ 9-ئايەتتىكى ئىشلارنى قىلدى.

**ھەتتا تەھتىساراغا يەتكۈچە ئۆزۈڭنى پەس قىلدىڭ.**
**10 سەن بېسىپ ماڭغان بارلىق يوللىرىڭدا چارچىغىنىڭ بىلەن،**
**يەنە: «پوق يەپتىمەن، بولدى بەس!» دەپ قويمىدىڭ تېخى،**
**ئېزىپ يۈرۈشكە يەنىلا كۈچۈڭنى يىغدىڭ،**
**ھېچ جاق تويمىدىڭ.**
**11 سەن زادى كىمدىن يۈرەكزادە بولۇپ، قورقۇپ يۈرىسەن،**
**يالغان گەپ قىلىپ، مېنى ئېسىڭگە ھېچ كەلتۈرمەي،**
**كۆڭلۈڭدىن ھېچ ئۆتكۈزمىدىڭ.**
**مەن ئۇزۇنغىچە سۈكۈتتە تۇرۇپ كەلدىم ئەمەسمۇ؟**
**سەن يەنىلا مەندىن ھېچ قورقۇپ باقمىدىڭ!**
**12 سېنىڭ «ھەققانىيلىقىڭ»نى ھەم «تۆھپىلىرىڭ»نى بايان قىلىمەن: —**
**ئۇلارنىڭ ساڭا ھېچ پايدىسى يوقتۇر!**
**13 چىرقىرىغانلىرىڭدا سەن يىغىپ توپلىغان بۇتلار كېلىپ سېنى قۇتقۇزسۇن!**
**بىراق شامال پۈۋ قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ،**
**بىر نەپەسلا ئۇلارنى ئېلىپ كېتىدۇ؛**
**بىراق ماڭا تايانغۇچى زېمىنغا مىراسلىق قىلىدۇ،**

---

9:57 **«سەن زەيتۇن مېيى ھەدىيىسىنى ئېلىپ،...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۆزۈڭگە (خۇشپۇراق) ماينى سۈرتۈپ...». **«سەن... پادىشاھنىڭ ئالدىغا باردىڭ؛ ئەلچىلىرىڭنى يىراققا ئەۋەتىپ، ھەتتا تەھتىساراغا يەتكۈچە ئۆزۈڭنى پەس قىلدىڭ»** — يەشايا 1-37-بابلاردا خۇداسىز دۆلەتلەر بىلەن ھېچ ئىتتىپاقلاشماسلىقنى قايتا-قايتا دەۋەت قىلغان. پاھىشە ئايال «پادىشاھ»نى ئۆزىگە مەپتۇن قىلماقچى بولۇپ، دەل «ئىتتىپاقلاشماسلىق»نىڭ ئەكسىنى قىلماقچى بولغان. ئەمدى «پاھىشە ئايال» زادى قايسى «پادىشاھ»نىڭ ئالدىغا باردى؟ ئەسلىدە ئىسرائىلنىڭ ئۆز پادىشاھى بار ئىدى. بىراق خۇدا يەشايا ئارقىلىق ئۇلارغا يەنە كىنايىلىك گەپ قىلىپ: سىلەر خۇداسىز ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىساڭلار، ئۇ پادىشاھ كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار بولىدۇ، دېمەكچى.

11:57 **«مەن ئۇزۇنغىچە سۈكۈتتە تۇرۇپ كەلدىم ئەمەسمۇ؟»** — دېمەك، خۇدا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سەۋر-تاقەت قىلىپ ئىسرائىلنى جازالىماي كەلدى.

**11:57** يەش. 14:42

**مېنىڭ مۇقەددەس تېغىمغا ئېگىدارچىلىق قىلىدۇ.**
14 شۇ چاغدا: ــ «يولنى كۆتۈرۈڭلار، كۆتۈرۈڭلار، ئۇنى تەييارلاڭلار،
**خەلقىمنىڭ يولىنى بوشىتىپ بارلىق پۇتلىكاشاڭلارنى ئېلىپ تاشلاڭلار» دېيىلىدۇ.**
15 **چۈنكى نامى «مۇقەددەس» بولغۇچى،**
**يۇقىرى ھەم ئالىي بولغۇچى،**
**ئەبەدىلئەبەدگىچە ھايات بولغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**«مەن يۇقىرى ھەمدە مۇقەددەس جايدا،**
**ھەم شۇنداقلا روھى سۇنۇق ھەم كىچىك پېئىل ئادەم بىلەن بىللە تۇرىمەنكى،**
**كىچىك پېئىل ئادەمنىڭ روھىنى يېڭىلايمەن،**
**دىلى سۇنۇقنىڭ كۆڭلىنى يېڭىلايمەن.**
16 **چۈنكى مەن ھەرگىز مەڭگۈگە ئەرز قىلىپ ئەيىبلىمەيمەن،**
**ھەم ئەبەدىلئەبەدگىچە غەزەپلەنمەيمەن؛**
**شۇنداق قىلسام ئىنساننىڭ روھى مېنىڭ ئالدىمدا سۇسلىشىپ يوقايدۇ،**
**ئۆزۈم ياراتقان نەپەس ئىگىلىرى توگىشىدۇ.**
17 **ئۇنىڭ ئۆز نەپسانىيەتلىك قەبىھلىكىدە مەن ئۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنى ئۇرغانمەن؛**
**مەن ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەنلىكىم بىلەن،**
**ئۇ يەنىلا ئارقىسىغا چېكىنگىنىچە ئۆز يولىنى مېڭىۋەردى؛**
19-18 **مەن ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرۈپ يەتكەن تەقدىردىمۇ،**
**مەن ئۇنى ساقايتىمەن؛**

---

**13:57** زەب. 34:7-10

**14:57 «يولنى كۆتۈرۈڭلار، كۆتۈرۈڭلار، ئۇنى تەييارلاڭلار، خەلقىمنىڭ يولىنى بوشىتىپ بارلىق پۇتلىكاشاڭلارنى ئېلىپ تاشلاڭلار»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى بېشارەت بەلكىم ئاخىرقى زاماندىكى «زىئونغا قايتىش» توغرۇلۇق ئېيتىلىدۇ.

**16:57** زەب. 103:8-10؛ ئىبر. 9:12

**مەن ئۇنى يېتەكلەيمەن،**
**مەن لەۋلەرنىڭ مېۋىسىنى يارىتىمەن،**
**ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەسرەت چەككۈچىلەرگە يەنە تەسەللى بېرىمەن؛**
**يىراق تۇرۇۋاتقانغا، يېقىن تۇرۇۋاتقانغىمۇ مۇتلەق ئارام-خاتىرجەملىك بولسۇن!**
**ۋە مەن ئۇنى ساقايتىمەن!**
20 **بىراق رەزىللەر بولسا تىنچلىنىشنى ھېچ بىلمەيدىغان،**
**دولقۇنلىرى لاي-لاتقىلارنى ئۇرغۇتۇۋاتقان،**
**داۋالغۇۋاتقان دېڭىزدەكتۇر.**
21 **رەزىللەرگە، ــ دەيدۇ خۇدايىم ــ ھېچ ئارام-خاتىرجەملىك بولماس.**

19-18:57 **«ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەسرەت چەككۈچىلەرگە...»** ــ مۇشۇ يەردە «ۋە» ياكى «يەنى». **«... مەن ئۇنى ساقايتىمەن؛ مەن ئۇنى يېتەكلەيمەن، مەن لەۋلەرنىڭ مېۋىسىنى يارىتىمەن، ... يىراق تۇرۇۋاتقانغا، يېقىن تۇرۇۋاتقانغىمۇ مۇتلەق ئارام-خاتىرجەملىك بولسۇن!»** ــ بۇ 15-18-ئايەتلەردىكى مۇشۇ بېشارەت بىزنىڭچە ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ. بىراق شۇنداق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەشايا قەستەن بىزگە كىمنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر گۇناھكار، ئۆز گۇناھىدىن توۋا قىلغۇسى بار ھەربىر ئادەم، مۇشۇ سۆزلەرنى دورا سۈپىتىدە ئۆز گۇناھىنىڭ يارىلىرىغا ياقىدۇ.
—«لەۋلەرگە مېۋە يارىتىمەن» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ خۇداغا نىسبەتەن لەۋلەردىكى «ھەقىقىي مېۋە»نىڭ باشلىنىشى توۋا قىلىدىغان سۆزلەر بولۇشى كېرەك. ئادەمنىڭ خۇداغا توۋا قىلىدىغان، گۇناھ تۆپەيلىدىن قاتتىق پۇشايمىنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىمۇ خۇدا ياراتقان، ئادەملەر توۋا قىلغاندا ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ قۇچىقىغا تاشلىشى كېرەك، ئۇنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە پۈتۈنلەي ئىشىنىشى كېرەك، دېمەكچى. ئۇ بەربىر ئاجىزلارنىڭ نىجاتكار-قۇتقۇزغۇچىسىدۇر. «كۈچلۈك ئادەملەر» بولسا بەلكىم ھەرگىز گۇناھتىن قۇتقۇزۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار خۇداغا ئەمەس، بەلكى ھەردائىم ئۆز-ئۆزىگە تايىنىدۇ
**21:57** يەش. 22:48

## قۇرۇق دىنىي پائالىيەتلەر ئادەملەرنى دوزاختا ئېلىپ بارىدۇ؛ خۇداغا ياقىدىغان «روزىنى تۇتۇش»

58
1 ــ نىدا قىلىپ جاكارلىغىن،
ئاۋازىڭنى قويۇپ بېرىپ بولۇشىچە توۋلا،
ئاۋازىڭنى كانايدەك كۆتۈر،
مېنىڭ خەلقىمگە ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقىنى،
ياقۇپنىڭ جەمەتىگە گۇناھلىرىنى بايان قىلغىن.
2 بىراق ئۇلار مېنى ھەر كۈنى ئىزدەيدىغان،
ھەققانىيلىقنى يۈرگۈزىدىغان،
مېنىڭ يوللىرىمنى بىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان،
خۇداسىنىڭ ھۆكۈم-پەرمانلىرىنى تاشلىۋەتمەيدىغان بىر ئەلگە ئوخشايدۇ؛
ئۇلار مەندىن ھەققانىيلىقنى بېكىتىدىغان ھۆكۈم-پەرمانلارنى سورايدۇ؛
ئۇلار خۇداغا يېقىنلىشىشنى خۇرسەنلىك دەپ بىلىدۇ.
3 ئاندىن ئۇلار: ــ «بىز روزا تۇتتۇق،
ئەمدى نېمىشقا سەن كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ؟
بىز جېنىمىزنى قىينىدۇق،
ئەمدى نېمىشقا بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ يوق؟» ــ دەپ سورايدۇ.
قاراڭلار، روزا كۈنى ئۆز كۆڭلۈڭلاردىكىنى قىلىۋېرىسىلەر،
خىزمەتچىلىرىڭلارنى قاتتىق ئىشلىتىسىلەر؛
4 سىلەرنىڭ روزا تۇتۇشلىرىڭلار جەڭگى-جېدەل چىقىرىش ئۈچۈنمۇ؟
قەبىھ قوللىرىڭلار مۇشت بىلەن ئادەم ئۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئوخشىمامدۇ؟
ھازىرقى روزا تۇتۇشلىرىڭلارنىڭ مەقسىتى ئاۋازىڭلارنى ئەرشلەردە ئاڭلىتىش ئەمەستۇر!

---

4:58 **«ئەرشلەردە»** ــ ئىبرانىي تىلدا «يۇقىرىدا».

5 مەن تاللىغان شۇ روزا تۇتۇش كۈنى ــ
ئادەملەرنىڭ جېنىنى قىينايدىغان كۈنمۇ؟
بېشىنى قومۇشتەك ئېگىپ،
ئاستىغا بۆز ۋە كۈللەرنى يېيىش كېرەك بولغان كۈنمۇ؟
سىلەر مۇشۇنداق ئىشلارنى «روزا»،
«پەرۋەردىگار قوبۇل قىلغۇدەك بىر كۈن» دەۋاتامسىلەر؟
6 مانا، مەن تاللىغان روزا مۇشۇكى: ــ
رەزىللىك-زۇلۇمنىڭ ئاسارەتلىرىنى بوشىتىش،
بويۇنتۇرۇقنىڭ تاسمىلىرىنى يېشىش،
ئېزىلگەنلەرنى بوشىتىپ ھۆر قىلىش،
ھەرقانداق بويۇنتۇرۇقنى چېقىپ تاشلاش ئەمەسمىدى؟
7 ئاش-نېنىڭنى ئاچلارغا ئۈلەشتۈرۈشۈڭ،
ھاجەتمەن مۇساپىرلارنى ھىمايە قىلىپ ئۆيۈڭگە ئاپىرىشىڭ،
يالىڭاچلارنى كۆرگىنىڭدە، ئۇنى كىيدۈرۈشۈڭ،
ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ بىلەن بىر جان بىر تەن بولغانلاردىن قاچۇرماسلىقىڭدىن
ئىبارەت ئەمەسمۇ؟
8 شۇنداق قىلغاندا نۇرۇڭ تاڭ سەھەردەك ۋاللىدە ئېچىلىدۇ،
سالامەتلىكىڭ تېزدىن ئەسلىگە كېلىپ ياشنايسەن؛
ھەققانىيلىقىڭ ئالدىڭدا ماڭىدۇ،
ئارقاڭدىكى مۇھاپىزەتچىڭ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى
بولىدۇ.
9 سەن چاقىرساڭ، پەرۋەردىگار جاۋاب بېرىدۇ؛

**5:58** زەك. 5:7

**6:58** **«ھەرقانداق بويۇنتۇرۇقنى چېقىپ تاشلاش ئەمەسمىدى؟»** ــ «بويۇنتۇرۇق» بەلكىم ئىنسانلارغا ئۇلاغ ھايۋانلارنىڭ قاتاردا مۇئامىلە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. خۇدانىڭ يولىورۇقنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولسا، «بويۇنتۇرۇقنىڭ تاسمىلىرىنى يېشىش»؛ بىراق ھەققانىيلىقنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى بارلىق بويۇنتۇرۇقلارنى پاچاقلاپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولۇش كېرەك.

**7:58** ئەز. 7،16:18؛ مات. 35:25

**نىدا قىلسەن، ئۇ: «مانا مەن!» دەيدۇ.**
**ئەگەر ئاراڭلاردىن بويۇنتۇرۇقنى،**
**تەڭلەيدىغان بارماقنى،**
**ھەم تۆھمەت گەپلىرىنى يوق قىلساڭ،**
**10 جېنىڭنى ئاچلار ئۈچۈن پىدا قىلساڭ،**
**ئېزىلگەنلەرنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقساڭ،**
**شۇ چاغدا نۇرۇڭ قاراڭغۇلۇقتا كۆتۈرۈلىدۇ؛**
**زۇلمىتىڭ چۈشتەك بولىدۇ؛**
**11 ھەم پەرۋەردىگار سېنىڭ دائىملىق يېتەكلىگۈچىڭ بولىدۇ،**
**جېنىڭنى قۇرغاقچىلىق بولغان ۋاقتىدىمۇ قامدايدۇ،**
**ئۇستىخانلىرىڭنى كۈچەيتىدۇ؛**
**سەن سۇغىرىلىدىغان بىر باغ،**
**سۇلىرى ئۇرغۇپ تۈگىمەيدىغان، ئادەمنى ئالدىمايدىغان بىر بۇلاق بولىسەن؛**
**12 سەندىن تۆرەلگەنلەر كونا خارابىلەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىدۇ؛**
**نۇرغۇن دەۋرلەر قالدۇرغان ئۇللارنى قايتىدىن كۆتۈرىسەن،**
**شۇنىڭ بىلەن «بۆسۈلگەن تاملارنى قايتىدىن ياسىغۇچى،**
**كوچا-يول ۋە تۇرالغۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى» دەپ ئاتىلىسەن.**
**13 ئەگەر سەن شابات كۈنىدە قەدەملىرىڭنى ساناپ ماڭساڭ،**
**يەنى مېنىڭ مۇقەددەس كۈنۈمدە ئۆزۈڭنىڭكى كۆڭلۈڭدىكىلەرنى قىلماي،**
**شاباتنى «خۇشاللىق»،**
**پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس كۈنىنى «ھۆرمەتلىك كۈن» دەپ بىلسەڭ،**

---

**9:58 «تەڭلەيدىغان بارماق»** — ھېلىگەرلىك ئىشارەتلەرنى ياكى ئەرز-شىكايەت قىلغانلىقنى كۆرسەتسە كېرەك.

**11:58 «ئادەمنى ئالدىمايدىغان بىر بۇلاق»** — چۆل-باياۋاندا يۈرگەن يولۇچىلار ئۈچۈن بۇلاقلار ئىنتايىن مۇھىم، ئەلۋەتتە. ھېلى بار، ھازىر يوق بولغان بۇلاقلار، «ئادەمنى ئالدايدىغان» بۇلاقلار دېيىلەتتى؛ بۇنداق بۇلاقلار يولۇچىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشى مۇمكىن.

ھەم ئۇنى ھۆرمەتلەپ،
ئۆز يوللىرىڭدا ماڭماي،
ئۆز بىلگىنىڭنى ئىزدىمەي،
قۇرۇق پاراڭ سالمىساڭ،
[14] ئۇنداقتا پەرۋەردىگارنى كۆڭلۈڭنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىسەن،
ھەم مەن سېنى يەر يۈزىدىكى يۇقىرى جايلارغا مىنگۈزۈپ ماڭدۇرىمەن؛
ئاتاڭ ياقۇپنىڭ مىراسى بىلەن سېنى ئوزۇقلاندۇرىمەن —
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق سۆز قىلدى.

## خۇدانىڭ سۆزىنىڭ داۋامى — گۇناھىنىڭ ئۆزىنى تەھلىل قىلىش

59 [1] — قاراڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ قولى قۇتقۇزالمىغۇدەك كۈچسىز بولۇپ قالغان ئەمەس؛
ياكى ئۇنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمىغۇدەك ئېغىر بولۇپ قالغان ئەمەس؛
[2] بىراق سىلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىڭلار سىلەرنى خۇدايىڭلاردىن ييراقلاشتۇردى،
گۇناھىڭلار ئۇنىڭ يۈزىنى سىلەردىن قاچۇرۇپ ئىلتىجالىرىڭلارنى ئۇنىڭغا

---

13:58 **«ھەم ئۇنى ھۆرمەتلەپ...»** — مۇشۇ ئىبارىدە «ئۇنى» ياكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۇنىڭ «شابات كۈنى»نى كۆرسىتىدۇ. **«ئۆز يوللىرىڭدا ماڭماي، ئۆز بىلگىنىڭنى ئىزدىمەي، قۇرۇق پاراڭ سالمىساڭ،...»** — مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىلغا بېرىلگەن «ئون پەرمان»نىڭ تۆتىنچىسى «شابات كۈنىنى مۇقەددەس كۈنى سۈپىتىدە ساقلاڭلار» دېگەن. شاباتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بولسا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق خۇسۇسىي ئىش-خىزمەتلىرىنى قىلماي، خۇدانى سېغىنىشتۇر.
14:58 **«يۇقىرى جايلارغا مىنگۈزۈپ ماڭدۇرىمەن»** — بۇ ئاجايىب سىرلىق گەپ بولۇپ، مەنىسى (1) ئورنۇڭ ناھايىتى ئۈستۈن بولىدۇ؛ (2) ناھايىتى مۈشكۈل ھەم خەتەرلىك ئىشلار ساڭا ئاسان كېلىدۇ. ئەمدى خۇدا ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارنى نېمىگە مىندۈرىدۇ؟ — مۇشۇ يەردە دېيىلمىدى. بەلكىم پەرىشتىلەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتى كۆرسىتىلىشى مۇمكىن.
**1:59** چۆل. 23:11؛ يەش. 2:50

**ئاڭلاتقۇزمىدى.**
**3 چۈنكى قوللىرىڭلار قان بىلەن،**
**بارماقلىرىڭلار قەبىھلىك بىلەن مىلەنگەن،**
**لەۋلىرىڭلار يالغان گەپ ئېيتقان،**
**تىلىڭلار كالدىرلاپ قىرىشىپ سۆزلىگەن؛**
**4 ھەققانىيلىق تەرەپتە سۆزلىگۈچى يوقتۇر،**
**ھەقىقەت تەرەپتە تۇرىدىغان ھۆكۈم سورىغۇچى يوقتۇر؛**
**ئۇلار يوق بىر نەرسىگە تايىنىپ، ئالدامچىلىق قىلماقتا،**
**ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكىسى زىيانداش،**
**ئۇلارنىڭ تۇغىدىغىنى قەبىھلىك؛**
**5 ئۇلار چار يىلاننىڭ تۇخۇملىرىنى تۆرەلدۈرىدۇ،**
**ئۆمۈچۈكنىڭ تورىنى تورلايدۇ،**
**كىم ئۇنىڭ تۇخۇملىرىنى يېسە ئۆلىدۇ؛**
**ئۇلاردىن بىرى چېقىلسا زەھەرلىك يىلان چىقىدۇ.**
**6 ئۇلارنىڭ تورلىرى كىيىم بولالمايدۇ؛**
**ئۆزلىرى ئىشلىگەنلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ياپالمايدۇ؛**
**ئىشلىگەنلىرى بولسا قەبىھ ئىشلاردۇر؛**
**ئۇلارنىڭ قولىدا زوراۋانلىق تۇرىدۇ؛**

---

2:59 **«قاراڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ قولى قۇتقۇزالمىغۇدەك كۈچسىز بولۇپ قالغان ئەمەس... بىراق سىلەرنىڭ قەبىھلىكىڭلار سىلەرنى خۇدايىڭلاردىن يىراقلاشتۇردى، گۇناھىڭلار ئۇنىڭ يۈزىنى سىلەردىن قاچۇرۇپ تىلىكىڭلارنى ئۇنىڭغا ئاڭلاتقۇزمىدى»** — مۇشۇ 1-2-ئايەتلەر بولسا 58-باب، 3-ئايەتتىكى سوئالغا بېرىلگەن جاۋابتۇر.

**4:59** ئايۇپ 35:15؛ زەب. 14:7

5:59 **«ئۇلاردىن بىرى چېقىلسا زەھەرلىك يىلان چىقىدۇ»** — دېمەك، ئۇلاردىن ھېچقانداق ياخشىلىق چىقمايدۇ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىنتايىن تەس؛ ئادەم «تۇخۇملار»نى يېسە، ئۆلىدۇ، «تۇخۇملار»نى بۇزسا، ئۇلاردىن تېخى خەتەرلىك بىر يىلان چىقىدۇ.

6:59 **«ئۇلارنىڭ تورلىرى كىيىم بولالمايدۇ»** — مۇشۇ ئايەت ۋە 5-ئايەتكە قارىغاندا، «تورلىرى» دېگەنلىك ئۇلارنىڭ قەستلىرى ھەم يامانلىقلىرىنى دىنىي نىقاب بىلەن ياپىدىغان ئۇسۇللارنى بىلدۈرىدۇ.

**6:59** ئايۇپ 14،15:8

7 قەدەملىرى يامانلىق تەرەپكە يۈگۈرىدۇ،
گۇناھسىز قاننى تۆكۈشكە ئالدىرايدۇ،
ئۇلارنىڭ ئوي-پىكىرلىرى قەبىھلىك توغرىسىدىكى ئويلاردۇر؛
بارغانلا يەردە ۋەيرانچىلىق ۋە ھالاكەت تېپىلىدۇ.
8 تىنچلىق-ئاراملىق يولىنى ئۇلار ھېچ تونۇمايدۇ؛
يۈرۈشلىرىدە ھېچ ھەقىقەت-ئادالەت يوقتۇر؛
ئۇلار يوللىرىنى ئەگرى-توقاي قىلىۋالدى؛
كىم بۇلاردا ماڭغان بولسا تىنچ-ئاراملىقنى كۆرمەيدۇ.

## ئىسرائىل گۇناھىنى ئىقرار قىلىدۇ

9 — شۇڭا ھەقىقەت-ئادالەت بىزدىن يىراق تۇرىدۇ؛
ھەققانىيلىق يېتىپ بىزنى چۈمكىگەن ئەمەس؛
نۇرنى كۈتىمىز، بىراق يەنىلا قاراڭغۇلۇق!
بىرلا غىل-پال پارلىغان يورۇقلۇقنىمۇ كۈتىمىز،
يەنىلا زۇلمەتتە ماڭىمىز.
10 قارىغۇلاردەك بىز تامنى سىلاشتۇرۇپ ئىزدەيمىز،
كۆزسىز بولغاندەك سىلاشتۇرىمىز؛
گۇگۇمدا تۇرغاندەك چۈشتىمۇ پۇتلىشىپ كېتىمىز،
چەت ياقىلاردا ئۆلۈكلەردەك يۈرىمىز.
11 ئېيىقلاردەك نەرە تارتىمىز،
پاختەكلەردەك قاتتىق ئاھ ئۇرىمىز؛
بىز ھۆكۈم-ھەقىقەتنى كۈتۈپ قارايمىز، بىراق ئۇ يوق؛
نىجات-قۇتۇلۇشنى كۈتىمىز، بىراق ئۇ بىزدىن يىراقتۇر؛
12 چۈنكى ئىتائەتسىزلىكلىرىمىز ئالدىڭدا كۆپىيىپ كەتتى،
گۇناھلىرىمىز بىزنى ئەيىبلەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ؛

7:59 پەند. 1:16؛ رىم. 3:15
10:59 «چەت ياقىلاردا ئۆلۈكلەردەك يۈرىمىز.» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «كۈچى بارلار ئارىسىدا ئۆلۈكلەردەك يۈرىمىز».

چۈنكى ئىتائەتسىزلىكلىرىمىز ھەردائىم بىز بىلەن بىللىدۇر؛
قەبىھلىكلىرىمىز بولسا، بىزگە روشەندۇر: ــ
[13] چۈنكى پەرۋەردىگارغا ئىتائەتسىزلىك قىلماقتىمىز، ۋاپاسىزلىق قىلماقتىمىز،
ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەكتىمىز،
زۇلۇمنى ھەم ئاسىيلىقنى تەرغىب قىلماقتىمىز،
يالغان سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ، ئىچ-ئىچىمىزدىن سۆزلىمەكتىمىز؛
[14] ئادالەت-خالىسلىق بولسا يولدىن يېنىپ كەتتى؛
ھەققانىيلىق يىراقتا تۇرىدۇ؛
چۈنكى ھەقىقەت كوچىدا پۈتلىشىپ كېتىدۇ؛
دۇرۇس-دىيانەتنىڭمۇ كىرگۈدەك يېرى يوقتۇر.
[15] شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەت يوقاي دەپ قالدى؛
ئۆزۈمنى يامانلىقتىن نېرى قىلاي دېگەن ئادەم خەقنىڭ ئولجا نىشانى بولۇپ قالدى!

## پەرۋەردىگار دۇئانى ئاڭلاپ ئىشقا كىرىشىدۇ

[16] ھەم پەرۋەردىگار كۆردى؛
ھۆكۈم-ھەقىقەتنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن يامان بىلىندى.
ۋە ئۇ ئامال قىلغۇدەك بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى؛
گۇناھكارلارغا ۋەكىل بولۇپ دۇئا قىلغۇچى ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئازابلىنىپ كۆڭلى پاراكەندە بولدى.
شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز بىلىكى ئۆزىگە نىجات كەلتۈردى؛

ئۇنىڭ ئۆز ھەققانىيلىقى ئۆزىنى قوللاپ چىدامىلىق قىلدى؛
17 ئۇ ھەققانىيلىقنى قالقان-ساۋۇت قىلدى،
بېشىغا نىجاتلىق دۇبۇلغىسىنى كىيدى؛
قىساس لىباسىنى كىيىم قىلدى،
مۇھەببەتلىك قىزغىنلىقنى تون قىلىپ كىيدى.
18 ئادەملەرنىڭ قىلغانلىرى بويىچە، ئۇ ئۇلارغا قايتۇرىدۇ؛
رەقىبلىرىگە قەھر چۈشۈرىدۇ،
دۈشمەنلىرىگە ئىشلىرىنى قايتۇرىدۇ،
چەت ئاراللاردىكىلەرگىمۇ ئۇ ئىشلىرىنى قايتۇرىدۇ.
19 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غەربتە پەرۋەردىگارنىڭ نامىدىن،
كۈنچىقىشتا ئۇنىڭ شان-شەرىپىدىن قورقىدۇ؛
دۈشمەن كەلكۈندەك بېسىپ كىرگىنىدە،
ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇنىڭغا قارشى بىر تۇغنى كۆتۈرۈپ
بېرىدۇ؛
20 شۇنىڭ بىلەن ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى زىئونغا كېلىدۇ،
ئۇ ياقۇپ جەمەتىدىكىلەر ئارىسىدىن ئىتائەتسىزلىكتىن يېنىپ تۇۋا

---

16:59 **«ھەم پەرۋەردىگار كۆردى؛ ھۆكۈم-ھەقىقەتنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن يامان بىلىندى»** — پەرۋەردىگار ئۆز مۆمىن بەندىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ ئىشقا كىرىشىدۇ.
—**«شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز بىلىكى ئۆزىگە نىجات كەلتۈردى»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» ئۇنىڭ دۇنياغا ئەۋەتىدىغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھى، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ قولى»دۇر. دېمەك، ئىسرائىل ئۆزىنىڭ ئاسىيلىقى، ئىتائەتسىزلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھقا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىقرار قىلىپ تۇۋا قىلغان ۋاقىتتا، «ھېچ قۇتقۇزغۇدەك ئادەم بولمىغاندا»، خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئامالسىز قالغان ئىنسانىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» نىجاتنى ئېلىپ مۇشۇ دۇنياغا كېلىدۇ. قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى ئۇ يالغۇز ئادا قىلىدۇ؛ «ھېچ ئادەم» ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيدۇ. يەنە 53-بابنى كۆرۈڭ.

**16:59** يەش. 5:63

**17:59** ئەف. 17:6؛ 1تېس. 8:5

قىلغانلارغا يېقىنلىشىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
[21] مەن بولسام، مانا، مېنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان ئەھدەم شۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار ــ
«سېنىڭ ئۈستۈڭگە قونۇپ تۇرغان مېنىڭ روھىم، شۇنداقلا مەن سېنىڭ ئاغزىڭغا قويغان سۆز-كالامىم بولسا،
بۈنىڭدىن باشلاپ ئەبەدىلئەبەدگىچە ئۆز ئاغزىڭدىن، نەسلىڭنىڭ ئاغزىدىن ياكى نەسلىڭنىڭ نەسلىنىڭ ئاغزىدىن ھەرگىز چۈشمەيدۇ!
ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## قۇتقۇزۇلغان زىئوننىڭ پارلاق كېلەچىكى

60 [1] ــ ئورنۇڭدىن تۇر، نۇر چاچ! چۈنكى نۇرۇڭ يېتىپ كەلدى،
پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ئۈستۈڭدە كۆتۈرۈلدى!
[2] چۈنكى قاراڭغۇلۇق يەر-زېمىننى،
قاپقارا زۇلمەت ئەل-يۇرتلارنى باسىدۇ؛
بىراق پەرۋەردىگار ئۈستۈڭدە كۆتۈرۈلىدۇ،
ئۇنىڭ شان-شەرىپى سېنىڭدە كۆرۈنىدۇ؛
[3] ھەم ئەللەر نۇرۇڭ بىلەن،
پادىشاھلار سېنىڭ كۆتۈرۈلگەن يورۇقلۇقۇڭ بىلەن ماڭىدۇ.
[4] بېشىڭنى كۆتۈر، ئەتراپىڭغا قاراپ باق؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەم بولۇپ يىغىلىدۇ؛

---

**20:59** «شۇنىڭ بىلەن ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى زىئونغا كېلىدۇ، ئۇ ياقۇپ جەمەتىدىكىلەر ئارىسىدىن ئىتائەتسىزلىكتىن يېنىپ توۋا قىلغانلارغا يېقىنلىشىدۇ» ــ «رىم.» 11:26نى كۆرۈڭ.

**20:59** يەش. 10:22،21؛ رىم. 11:26

**21:59** **«سېنىڭ ئۈستۈڭگە قونۇپ تۇرغان مېنىڭ روھىم»** ــ ئەمدى مۇشۇ ئايەتتىكى «سەن» دېگەن كىم؟ يۇقىرىقى 20-ئايەتتە «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى زىئونغا كېلىدۇ» دېيىلگەن. «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» بولسا، 16-ئايەتتىكى «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى»، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ قولى»دۇر. شۈبھىسىزكى، مۇشۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا، يەنى مەسىھكە دېيىلىدۇ.

ئۇلار يېنىڭغا كېلىدۇ، ــ
ئوغۇللىرىڭ يىراقتىن كېلىدۇ،
قىزلىرىڭ يانپاشلارغا ئارتىلىپ كۆتۈرۈپ كېلىنىدۇ.
5 شۇ چاغدا كۆرىسەن،
كۆزلىرىڭ چاقناپ كېتىدۇ،
يۈرەكلىرىڭ تىپچەكلەپ، ئىچ-ئىچىڭگە پاتماي قالىسەن؛
چۈنكى دېڭىزدىكى بايلىقلار سەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېلىدۇ،
ئەللەرنىڭ مال-دۇنيالىرى يېنىڭغا كېلىدۇ.
6 توپ-توپ بولۇپ كەتكەن تۆگىلەر،
ھەم مىدىيان ھەم ئەفاھدىكى تايلاقلار سېنى قاپلايدۇ؛
شېبادىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ؛
ئۇلار ئالتۇن ھەم خۇشبۇي ئېلىپ كېلىدۇ،
پەرۋەردىگارنىڭ مەدھىيىلىرىنى جاكارلايدۇ.
7 كېدارنىڭ بارلىق قوي پادىلىرى يېنىڭغا يىغىلىدۇ؛
نېبايوتنىڭ قوچقارلىرى خىزمىتىڭدە بولىدۇ؛
ئۇلار مېنىڭ قوبۇل قىلىشىمغا ئېرىشىپ قۇربانگاھىمغا چىقىرىلىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن گۈزەللىك-جۇلالىقىمنى ئايان قىلىدىغان ئۆيۈمنى گۈزەللەشتۈرىمەن.
8 كەپتەرخانىلىرىغا قايتىپ كەلگەن كەپتەرلەردەك،
ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بۇلۇتتەك كېلىۋاتقان كىمدۇ؟
9 چۈنكى ئاراللار مېنى كۈتىدۇ؛
شۇلار ئارىسىدىن ئوغۇللىرىڭنى يىراقتىن ئېلىپ كېلىشكە،

---

5:60 زەب. 34:4-9؛ ۋەھ. 21:26

7:60 **«...مىدىيان ھەم ئەفاھدىكى تايلاقلار سېنى قاپلايدۇ؛ شېبادىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ؛ ... كېدارنىڭ بارلىق قوي پادىلىرى يېنىڭغا يىغىلىدۇ؛ نېبايوتنىڭ قوچقارلىرى خىزمىتىڭدە بولىدۇ»** ــ 6-7-ئايەتلەردە دېيىلگەن يەرلەرنى خەرىتىدىن كۆرۈڭ. پەلەستىننى نۇقتا قىلىپ ئېيتقاندا، «مىدىيان» يىراق جەنۇبتا، «ئەفاھ» پارس قولتۇقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە، «شېبا» مىسىرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، «كېدار» ھەم «نېبايوت» شەرق تەرەپتە، يەنى ئەرەبىستاندىكى چۆل-باياۋاننىڭ شىمالىدا. شېبادىن سىرت ھەممىسى بەلكىم ئەرەب قەبىلىلىرى.

ئۆز ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىشكە،
تارشىشتىكى كېمىلەر بىرىنچى بولىدۇ.
ئۇلار خۇدايىڭ پەرۋەردىگارىڭ نامىغا،
ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ؛
چۈنكى ئۇ ساڭا گۈزەللىك-جۇلالىق كەلتۈردى.
[10] يات ئادەملەرنىڭ بالىلىرى سېپىللىرىڭنى قۇرىدۇ،
ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى خىزمىتىڭدە بولىدۇ؛
چۈنكى غەزىپىمدە مەن سېنى ئۇردۇم؛
بىراق شاپائىتىم بىلەن ساڭا رەھىم-مېھرىبانلىق كۆرسەتتىم.
[11] دەرۋازىلىرىڭ ھەردائىم ئوچۇق تۇرىدۇ؛
(ئۇلار كېچە-كۈندۈز ئېتىلمەيدۇ)
شۇنداق قىلغاندا ئەللەرنىڭ بايلىقلىرىنى ساڭا ئېلىپ كەلگىلى،
ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى ئالدىڭغا يېتەكلەپ كەلگىلى بولىدۇ.
[12] چۈنكى ساڭا خىزمەتتە بولۇشنى رەت قىلىدىغان ئەل ياكى پادىشاھلىق بولسا يوقىلىدۇ؛
مۇشۇنداق ئەللەر پۈتۈنلەي بەربات بولىدۇ.
[13] مېنىڭ مۇقەددەس جايىمنى گۈزەللەشتۈرۈشكە،
لىۋاننىڭ شەرىپى،
ئارچا، قارىغاي ۋە بوكسۇس دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسى ساڭا كېلىدۇ؛
شۇنداق قىلىپ ئايىغىم تۇرغان يەرنى شەرەپلىك قىلىمەن.
[14] سېنى خارلىغانلارنىڭ بالىلىرى بولسا ئالدىڭغا ئېگىلگىنىچە كېلىدۇ؛

**9:60 «تارشىشتىكى كېمىلەر بىرىنچى بولىدۇ...»** — بىلىشىمىزچە، قەدىمكى زامانلاردا ئۈچ «تارشىش» بار ئىدى (ھەممىسى تۆرنىڭ مۇستەملىكىلىرى). مۇشۇ ئايەتتىكى «تارشىش» بەلكىم ئىسپانىيەنى (قانائاندىن يىراق بولغان غەربىي تەرەپتە) كۆرسىتىدۇ؛ دېمەكچى، ئاخىرقى زاماندا خۇدانىڭ يولىنى تۇتقانلار جاھاندىكى بارلىق تەرەپلەردىن زىئونغا قاراپ كېلىدۇ.

**10:60** يەش. 23:49

**13:60 «لىۋاننىڭ شەرىپى، — ئارچا، قارىغاي ۋە بوكسۇس دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسى ساڭا كېلىدۇ»** — لىۋان دېگەن جايدىن ھەرخىل چىرايلىق دەرەخلەر چىقاتتى.

**سېنى كەمسىتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئايىغىڭغا باش ئۇرىدۇ؛**
**ئۇلار سېنى «پەرۋەردىگارنىڭ شەھىرى»،**
**«ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ زىئونى» دەپ ئاتايدۇ.**
15 **سەن تاشلىۋېتىلگەن ھەم نەپرەتكە ئۇچرىغانلىقىڭ ئۈچۈن،**
**ھېچكىم زېمىنىڭدىن ئۆتمىگەن؛**
**ئەمدىلىكتە مەن سېنى مەڭگۈلۈك بىر شان-شۆھرەت،**
**ئەۋلاد-ئەۋلادلارنىڭ بىر خۇرسەنلىكى قىلىمەن.**
16 **ئەللەرنىڭ سۈتىنى ئېمىسەن،**
**پادىشاھلارنىڭ ئەمچىكىدىن ئەمگەندەك مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشىسەن؛**
**شۇنىڭ بىلەن سەن مەن پەرۋەردىگارنى ئۆزۈڭنىڭ نىجاتكارىڭ ھەم ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىڭ،**
**«ياقۇپتىكى قۇدرەت ئىگىسى» دەپ بىلىسەن.**
17 **مىسنىڭ ئورنىغا ئالتۇننى،**
**تۆمۈرنىڭ ئورنىغا كۈمۈشنى ئەكېلىپ ئالماشتۇرىمەن؛**
**ياغاچنىڭ ئورنىغا مىسنى،**
**تاشلارنىڭ ئورنىغا تۆمۈرنى ئەكېلىپ ئالماشتۇرىمەن؛**
**سېنىڭ ھاكىملىرىڭنى بولسا تىنچ-ئاراملىق،**
**بەگلىرىڭنى ھەققانىيلىق قىلىمەن.**
18 **زېمىنىڭدا زوراۋانلىقنىڭ ھېچ ساداسى بولمايدۇ،**
**چېگرالىرىڭ ئىچىدە ۋەيرانچىلىق ۋە ھالاكەتمۇ يوق بولىدۇ؛**

---

**15:60** يەش. 19:49؛ 1:54، 6، 7

16:60 **«ئەللەرنىڭ سۈتىنى ئېمىسەن، پادىشاھلارنىڭ ئەمچىكىدىن ئەمگەندەك مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشىسەن»** ــ دېمەك، زىئون ئاخىرقى زامانلاردىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن ئۆتۈشى بىلەن (ھەرقانداق كەمسىتىشلەر، ئۆچمەنلىك، نەپرەت ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن) ئاجىز بىر سەبىي بالىدەك بارلىق «يات ئەللەر»نىڭ كۆيۈنۈشلىرى ھەم غەمخورلۇقى بىلەن چوڭقۇر تەسەللىگە ئىگە بولىدۇ. **«ياقۇپتىكى قۇدرەت ئىگىسى»** ــ مۇشۇ يەردە «ياقۇپ» ھەم ياقۇپنىڭ ئۆزى ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ.

**16:60** يەش. 3:43

سەن سېپىللىرىڭنى «نىجات»،
دەرۋازىلىرىڭنى «مەدھىيە» دەپ ئاتايسەن.
19 نە قۇياش كۈندۈزدە ساڭا نۇر بولمايدۇ،
نە ئاينىڭ جۇلاسى ساڭا يورۇقلۇق بەرمەيدۇ؛
بەلكى پەرۋەردىگار سېنىڭ مەڭگۈلۈك نۇرۇڭ بولىدۇ،
سېنىڭ خۇدايىڭ گۈزەل جۇلالىقىڭ بولىدۇ.
20 سېنىڭ قۇياشىڭ ئىككىنچى پاتمايدۇ،
ئېيىڭ تولۇنلۇقىدىن يانمايدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار سېنىڭ مەڭگۈلۈك نۇرۇڭ بولىدۇ،
ھەسرەت-قايغۇلۇق كۈنلىرىڭگە خاتىمە بېرىلىدۇ.
21 سېنىڭ خەلقىڭنىڭ ھەممىسى ھەققانىي بولىدۇ؛
يەر-زېمىنغا مەڭگۈگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ مېنىڭ گۈزەل جۇلالىقىمنى ئايان قىلىشى ئۈچۈن،
ئۇلار ئۆز قولۇم بىلەن تىككەن مايسا،
ئۆز قولۇم بىلەن ئىشلىگىنىم بولىدۇ.
22 سەبىي بالا بولسا مىڭغا،
ئەڭ كىچىكى بولسا ئۇلۇغ ئەلگە ئايلىنىدۇ،
مەنكى پەرۋەردىگار بۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا تېزدىن ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.

## زىئوننىڭ پارلاق كېلەچىكى ـ داۋامى
## «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نىڭ يەنە بىر سۆزى

61 1 «رەب پەرۋەردىگارنىڭ روھى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا،
چۈنكى پەرۋەردىگار مېنى ئاجىز ئېزىلگەنلەرگە خۇش خەۋەرلەر يەتكۈزۈشكە مەسىھلىگەن.
ئۇ مېنى سۇنۇق كۆڭۈللەرنى ياساپ ساقايتىشقا،
تۇتقۇنلارغا ئازادلىقنى،
چۈشەپ قويۇلغانلارغا زىنداننىڭ ئېچىۋېتىلىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا

**ئەۋەتتى؛**

**2 پەرۋەردىگارنىڭ شاپائەت كۆرسىتىدىغان يىلىنى،**

**ھەم خۇدايىمىزنىڭ قىساسلىق كۈنىنى جاكارلاشقا،**

**بارلىق قايغۇ-ھەسرەت چەككەنلەرگە تەسەللى بېرىشكە مېنى ئەۋەتتى.**

**3 زىئوندىكى ھەسرەت-قايغۇ چەككەنلەرگە،**

**كۈللەرنىڭ ئورنىغا گۈزەللىكنى،**

**ھەسرەت-قايغۇنىڭ ئورنىغا سۈركىلىدىغان شاد-خۇراملىق مېيىنى،**

**غەشلىك-مەيۈسلۈك روھنىڭ ئورنىغا،**

**مەدھىيە تونىنى كىيدۈرۈشكە مېنى ئەۋەتتى؛**

---

**1:61 «رەب پەرۋەردىگارنىڭ روھى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا، چۈنكى پەرۋەردىگار مېنى ئاجىز ئېزىلگەنلەرگە خۇش خەۋەرلەر يەتكۈزۈشكە مەسىھلىگەن»** — «مەسىھلىگەن» ياكى «مەسىھ قىلغان» — مۇشۇ يەردە بىز قايتىدىن بۇ ئىبارىگە چۈشەنچە بېرىمىز، شۇنداقلا «مەسىھ» توغرۇلۇق توختىلىمىز. خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن ئىسرائىلغا يېڭى بىر پادىشاھ بېكىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا ماي سۈرتۈلۈش كېرەك ئىدى. مۇشۇ مۇراسىم «مەسىھ قىلىنىش» دەپ ئاتىلىپ، شۇ چاغدىن باشلاپ مۇشۇ پادىشاھ «خۇدانىڭ مەسىھ قىلغىنى» دەپ ئاتىلاتتى. مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتىنى قىلغان «قۇربانلىق قىلغۇچى» كاھىنلارمۇ مۇشۇ خىزمەتكە كىرىشىش ئۈچۈن «مەسىھ قىلىنىشى» كېرەك ئىدى. «مەسىھ قىلىنىش» بەزىدە پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۆتكۈزۈلەتتى. بىراق مۇشۇ ئايەتتىكى «مەسىھ قىلىش» زەيتۇن مېيى بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆز مۇقەددەس روھى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئىنسان تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، خۇدانىڭ ئۆزى ئۆتكۈزىدۇ. «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» توغرىسىدىكى سۆزلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ «پادىشاھ» (پۈتكۈل ئالەمنىڭكى)، پەيغەمبەر («سۆزۈمنى ئاغزىڭغا قويىمەن») ھەم «قۇتقۇزغۇچى كاھىن»دۇر (گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىدۇ، گۇناھكارلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ). شۇ ئۈچ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇ خۇدانىڭ روھى بىلەن «مەسىھ قىلىنىشى» كېرەك ئىدى. مۇشۇ يەردىن باشلاپ بىز «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نى «مەسىھ» دېگەن نام بىلەن چاقىرىمىز. ئىسرائىلنىڭ 60- ھەم 61-بابتا كۆرسىتىلگەن بەختىنىڭ، ئەللەرنىڭ (ئىسرائىل ئارقىلىق بولغان) بەختىنىڭمۇ ھەممىسى مەسىھنىڭ قىلغان ئىشىدۇر.

**1:61** لۇقا 17،18،19،20:4

**2:61 «پەرۋەردىگارنىڭ شاپائەت كۆرسىتىدىغان يىلى»** — «لاۋىيلار» 25-بابتا كۆرسىتىلگەن «بوُرغا (چېلىش) يىلى»، يەنى «ئازادلىق يىلى»، ياكى «شادلىق يىلى» بولسا «پەرۋەردىگارنىڭ شاپائەت كۆرسىتىدىغان يىلى»نى ئالدىنئالا ئايان قىلغان «بېشارەتلىك بىر رەسىم» بولسا كېرەك. —ئىنجىل، «لۇقا» 4:18-19نى كۆرۈڭ.

**شۇنداق قىلىپ ئۇلار «ھەققانىيلىقنىڭ چوڭ دەرەخلىرى»،**
**«پەرۋەردىگارنىڭ تىككەن مايسىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ،**
**ئۇلار ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈزەللىك-جۇلالىقى ئايان قىلىنىدۇ.**
4 **ئۇلار قەدىمكى خارابىزارلىقلارنى قايتىدىن قۇرىدۇ،**
**ئەسلىدە ۋەيران قىلىنغان جايلارنى قايتىدىن تىكلەيدۇ،**
**خارابە شەھەرلەرنى، دەۋردىن-دەۋرگە ۋەيرانلىقتا ياتقان جايلارنى يېڭىباشتىن قۇرىدۇ؛**
5 **ياقا يۇرتلۇقلار تۇرغۇزۇلۇپ، پادىلىرىڭنى باقىدۇ؛**
**ياتلارنىڭ بالىلىرى قوشچىلىرىڭلار، ئۈزۈمچىلىرىڭلار بولىدۇ.**
6 **بىراق سىلەر بولساڭلار، «پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرى» دەپ ئاتىلىسىلەر؛**
**سىلەر توغراڭلاردا: «ئۇلار خۇدايىمىزنىڭ خىزمەتكارلىرى» دېيىلىدۇ؛**
**ئوزۇقلىرىڭلار ئەللەرنىڭ بايلىقلىرى بولىدۇ،**

---

3:61 **«پەرۋەردىگار... زىئوندىكى ... كۈللەرنىڭ ئورنىغا گۈزەللىكنى، ھەسرەت-قايغۇنىڭ ئورنىغا سۈركىلىدىغان شاد-خۇراملىق مېيىنى، غەشلىك-مەيۈسلۈك روھنىڭ ئورنىغا، مەدھىيە تونىنى كىيدۈرۈشكە مېنى ئەۋەتتى»** — قايغۇ-ھەسرەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئادەملەر كۈللەردە ئولتۇراتتى ياكى ئۇلارنى پېشانىسىغا سۈرتەتتى. مەسىھ بولسا «كۈللەرنىڭ ئورنىغا» خۇشاللىقنى بىلدۈرىدىغان ماينى ئادەمنىڭ پېشانىسىغا سۈرتىدۇ. **«مەدھىيە تونى»** — مۇشۇ «تون» پۈتۈن بەدەننى ئورايدىغان چوڭ بىر كىيىم بولۇپ، بەلكىم ھەممە غەشلىك كېتىپ، ئادەمنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدا خۇداغا مەدھىيە ئوقۇش پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. **«شۇنداق قىلىپ ئۇلار «ھەققانىيلىقنىڭ چوڭ دەرەخلىرى»، «پەرۋەردىگارنىڭ تىككەن مايسىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ»** — يۇقىرىدىكى 1:29-، 5:57-ئايەتتە، «چوڭ دەرەخلەر» بۇتپەرەسلىك قىلىنىدىغان جايلار ئىدى. ھازىر ئۇلار خۇداغا ئىبادەت قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**4:61** يەش. 12:58

سىلەر ئۇلارنىڭ شان-شەرەپلىرىگە ئورتاق بولىسىلەر.

[7] خورلىنىپ، شەرمەندىلىكتە قالغىنىڭلارنىڭ ئورنىغا ئىككى

ھەسسە نېسىۋەڭلەر بېرىلىدۇ؛

رەسۋا قىلىنغانلىقىنىڭ ئورنىغا ئۇلار تەقسىماتىدا شادلىنىپ تەنتەنە

قىلىدۇ؛

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زېمىنىغا ئىككى ھەسسىلەپ ئىگىدارچىلىق

قىلىدۇ؛

مەڭگۈلۈك شاد-خۇراملىق ئۇلارنىڭكى بولىدۇ.

[8] چۈنكى مەن پەرۋەردىگار توغرا ھۆكۈم، ھەققانىيەتنى ئەزىزلەيمەن؛

كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىشتا ھەرقانداق بۇلاڭچىلىق ۋە ئالدامچىلىقنى

نەپرەتلىنىمەن؛

مەن ئۇلارغا ھەقىقەت بىلەن تېگىشلىكىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن؛

---

6:61 **«بىراق سىلەر بولساڭلار، «پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرى» دەپ ئاتىلىسىلەر»** — ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، «كاھىن»لار مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى خىزمەتچىلەر بولۇپ، خەلقلەرگە ۋەكىل بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەرخىل قۇربانلىقلىرىنى خۇداغا ئاتاپ ئوتتا كۆيدۈرگۈچى ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، خۇدانىڭ ھەقىقەت-ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىش ۋەزىپىسى بار ئىدى («مال.» 7:2). مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدە، خۇدا «بارلىق خەلقىمنى ئۆزۈمگە ئاتاپ كاھىنلار قىلىمەن» دېگەنىدى («مىس.» 6:19). بىراق خەلقنىڭ كۆپىنچىسى ئىتائەتسىزلىك بىلەن مۇشۇ ۋەدىدىن مەھرۇم بولدى؛ پەقەت «لاۋىي» دېگەن قەبىلىدىكىلەر كاھىنلىق رولىنى ئۆتىيەلىگەنىدى. بىراق مۇشۇ ئايەت بىزگە ئايان قىلىدۇكى، خۇدانىڭ ئەسلىدىكى نىشانى ھامان ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. **«سىلەر ئۇلارنىڭ شان-شەرەپلىرىگە ئورتاق بولىسىلەر»** — ياكى «ئۇلارنىڭ شان-شەرەبلىرىدىن تەنتەنە قىلىسىلەر».

**6:61** 1پېت. 5:2، 9؛ ۋەھ. 6:1؛ 10:5

7:61 **«خورلىنىپ، شەرمەندىلىكتە قالغىنىڭلارنىڭ ئورنىغا ئىككى ھەسسە نېسىۋەڭلەر بېرىلىدۇ»** — «ئىككى ھەسسە نېسىۋەڭلەر» توغرۇلۇق يەنە 40-باب، 2-ئايەتنى كۆرۈڭ.

مەن ئۇلار بىلەن مەڭگۈلۈك بىر ئەھدىنى تۈزىمەن.
9 شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ نەسلىنىڭ داڭقى ئەللەر ئارىسىدا،
پەرزەنتلىرىنىڭ داڭقى خەلقى-ئالەم ئارىسىدا چىقىدۇ؛
ئۇلارنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى تونۇپ ئېتىراپ قىلىدۇكى،
«ئۇلار بولسا پەرۋەردىگار بەخت ئاتا قىلغان نەسىلدۇر»».

## مەسىھ يەنە سۆز قىلىدۇ

10 ــ «مەن پەرۋەردىگارنى زور شاد-خۇراملىق دەپ بىلىپ شادلىنىمەن،
جېنىم خۇدايىم تۈپەيلىدىن خۇشاللىنىدۇ؛
چۈنكى توي قىلىدىغان يىگىت ئۆزىگە «كاھىنلىق سەللە» كىيىۋالغاندەك،
توي قىلىدىغان قىز لەئەل-ياقۇتلار بىلەن ئۆزىنى پەردازلىغاندەك،
ئۇ نىجاتلىقنىڭ كىيىم-كېچەكنى ماڭا كىيدۈردى،

---

8:61 **«كۆيدۈرمە قۇربانلىق»** ــ مۇشۇ خىل قۇربانلىق پۈتۈن پېتى خۇداغا (تولۇق ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن) ئاتاپ كۆيدۈرۈلەتتى. ئادەم (مەيلى بەرگۈچى، مەيلى كاھىن بولسۇن) قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن ھېچ يېمەتتى. ئەگەر مۇشۇنداق قۇربانلىق قىلغاندا، بىرسى خۇدادىن بىر زەررىچىنى قالدۇرغان بولسا، بۇ «بۇلاڭچىلىق»قا باراۋەر ئىدى. ئەمدى تۆۋەندە، خۇدا ئۆزى ئىنسانىيەتكە، ئۆز خەلقىگە مەلۇم بىر نەرسىنى ۋەدە قىلىپ بەرمەكچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» توغرىسىدىكى مۇقەددەس قانۇنىغا ئۆزى بويسۇنغانغا ئوخشاش، ئۇ بەرگەن نەرسىدە قىلچە بىر كەملىك ھەرگىز بولمايدۇ؛ ئۇ ئىنسانىيەتكە ۋەدە قىلغانلىرىدىن ھېچنەرسىنى قالدۇرمايدۇ.
9:61 **«ئۇلار بولسا پەرۋەردىگار بەخت ئاتا قىلغان نەسىلدۇر»** ــ «زەب.» 22:30-31نى كۆرۈڭ. يۇقىرىقى 59:21-ئايەتتە دېيىلگەن «ئەھدە»گە ئاساسەن، زىئوننىڭ نەسلى «مەسىھ»نىڭ روھى ھەم سۆز-كالامىغا ئىگە بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇشۇ 8- ھەم 9-ئايەتتە شۇ ئەھدە، شۇنداقلا ئۇنىڭ نەتىجىسى يەنە كۆرسىتىلىدۇ.

ھەققانىيلىق تونى بىلەن مېنى پۈركەندۈردى.
11 چۈنكى زېمىن ئۆزىنىڭ بىخىنى چىقارغىنىدەك،
باغ ئۆزىدە تېرىلغانلارنى ئۈندۈرگىنىدەك،
رەب پەرۋەردىگار ئوخشاشلا بارلىق ئەللەرنىڭ ئالدىدا ھەققانىيلىقنى
ھەم مەدھىيىنى ئۈندۈرىدۇ».

## مەسىھنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى

62 1 — «تاكى زىئوننىڭ ھەققانىيلىقى جۇلالىنىپ چاقناپ چىققۇچە،
ئۇنىڭ نىجاتى لاۋۇلداۋاتقان مەشئەلدەك چىققۇچە،
زىئون ئۈچۈن ھېچ ئارام ئالمايمەن،
يېرۇسالېم ئۈچۈن ھەرگىز سۈكۈت قىلمايمەن؛
2 ھەم ئەللەر سېنىڭ ھەققانىيلىقىڭنى،
بارلىق پادىشاھلار شان-شەرىپىڭنى كۆرىدۇ؛
ھەم سەن پەرۋەردىگار ئۆز ئاغزى بىلەن ساڭا قويىدىغان يېڭى بىر

---

**10:61 «مەن پەرۋەردىگارنى زور شاد-خۇراملىق دەپ بىلىپ شادلىنىمەن... ئۇ نىجاتلىقنىڭ كىيىم-كېچەكنى ماڭا كىيدۈردى، ھەققانىيلىق تونى بىلەن مېنى پۈركەندۈردى.»** — مەسىھ خۇدانىڭ زىئون ھەم ئەل-يۇرتلارنى قۇتقۇزۇشتىكى خىزمىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇ تەييارلىغان كىيىم-كېچەكنى قوبۇل قىلىدۇ. «توي قىلىدىغان يىگىت» ھەم «توي قىلىدىغان قىز» بولسا، ئەلۋەتتە ناھايىتى دىققەت بىلەن ئۇلارنىڭ مەخسۇس كىيىمنى كىيىدۇ. مۇشۇ كىيىم پەقەتلا مۇشۇ مەقسەت بىلەنلا كىيىلىدۇ؛ ئوخشاشلا مەسىھ «ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن» خۇشاللىق بىلەن خۇدا بەرگەن مەخسۇس كىيىمنى كىيىدۇ. مۇشۇ كىيىم ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئىش قىلغىلى كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنى نىجات، مۇتلەق ھەققانىيلىقتىن ھەم «كاھىنلىق سەللە» (يەنى ئىنسان ئۈچۈن دۇئا قىلىشتىكى رول)دىن ئىبارەتتۇر. دۇنيادا كىم مۇشۇنداق «كىيىم» كىيگۈزۈلگان پېتى پەيدا بولسا، ھەربىر ئەقلى بار ئادەم ئۇنى خۇدا ئەۋەتكەن مەسىھ دەپ تونۇپ يېتىشى كېرەك.
**11:61 «چۈنكى زېمىن ئۆزىنىڭ بىخىنى چىقارغىنىدەك،... رەب پەرۋەردىگار ئوخشاشلا بارلىق ئەللەرنىڭ ئالدىدا ھەققانىيلىقنى ھەم مەدھىيىنى ئۈندۈرىدۇ»** — مۇشۇ ئىش مەسىھنىڭ يەنە بىر خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبى — ئۇنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ؛ ئۇ نىجاتنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈپ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى گۇناھتىن قۇتقۇزىدۇ.

**ئىسىم بىلەن ئاتىلىسەن،**
**[3] شۇنداقلا سەن پەرۋەردىگارنىڭ قولىدا تۇرغان گۈزەل بىر تاج،**
**خۇدايىڭنىڭ قولىدىكى شاھانە باش چەمبىرىكى بولىسەن.**
**[4] سەن ئىككىنچى: «ئاجراشقان، تاشلىۋېتىلگەن» دەپ ئاتالمايسەن،**
**زېمىنىڭ ئىككىنچى: «ۋەيران قىلىپ تاشلىۋېتىلگەن» دەپ ئاتالمايدۇ؛**
**بەلكى سەن: «مېنىڭ خۇشاللىقىم دەل ئۇنىڭدا!»، دەپ ئاتىلىسەن،**
**ھەم زېمىنىڭ: «نىكاھلانغان» دەپ ئاتىلىدۇ؛**
**چۈنكى پەرۋەردىگار سەندىن خۇشاللىق ئالىدۇ،**
**زېمىنىڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ.**
**[5] چۈنكى يىگىت قىزغا باغلانغاندەك،**
**ئوغۇللىرىڭ ساڭا باغلىنىدۇ؛**
**توي يىگىتى قىزدىن شادلانغاندەك،**
**خۇدايىڭ سېنىڭدىن شادلىنىدۇ.**
**[6] مەن سېپىللىرىڭدا كۆزەتچىلەرنى بېكىتىپ قويدۇم، ئى يېرۇسالېم،**
**ئۇلار كۈندۈزمۇ ھەم كېچىسىمۇ ئارام ئالمايدۇ؛**
**ئى پەرۋەردىگارنى ئەسلەتكۈچى بولغانلار، سۈكۈت قىلماڭلار!**
**[7] ئۇ يېرۇسالېمنى تىكلىگۈچە،**
**ئۇنى يەر-جاھاننىڭ ئوتتۇرىسىدا رەھمەت-مەدھىيىلەرنىڭ سەۋەبى قىلغۇچە،**
**ئۇنىڭغا ھېچ ئارام بەرمەڭلار!».**

---

**2:62** يەش. 15:65

**4:62 «مېنىڭ خۇشاللىقىم دەل ئۇنىڭدا!»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «خېفزىباھ». **«نىكاھلانغان»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «بيۇلاھ».

**6:62 «مەن سېپىللىرىڭدا كۆزەتچىلەرنى بېكىتىپ قويدۇم، ئى يېرۇسالېم، ئۇلار كۈندۈزمۇ ھەم كېچىسىمۇ ئارام ئالمايدۇ؛ ئى پەرۋەردىگارنى ئەسلەتكۈچى بولغانلار، سۈكۈت قىلماڭلار!»** ــ مەسىھ مۇشۇ «كۆزەتچىلەر»نى، يەنى «پەرۋەردىگارنى ئەسلەتكۈچىلەر»نى ئۆزىگە ئوخشاش زېئون ئۈچۈن توختىماي دۇئا قىلىش خىزمىتىگە بېكىتكەن. ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ (1-ئايەتنى كۆرۈڭ).

8 پەرۋەردىگار ئوڭ قولى ھەم ئۆز كۈچى بولغان بىلىكى بىلەن مۇنداق
قەسەم ئىچتى: ــ
«مەن زىرائەتلىرىڭنى دۈشمەنلىرىڭگە ئوزۇق بولۇشقا ئىككىنچى
بەرمەيمەن؛
جاپا تارتىپ ئىشلىگەن يېڭى شارابىڭنىمۇ ياتلارنىڭ پەرزەنتلىرى
ئىككىنچى ئىچمەيدۇ؛
9 زىرائەتلەرنى ئورۇپ يىغقانلار ئۆزلىرىلا ئۇنى يەپ پەرۋەردىگارنى
مەدھىيىلەيدۇ؛
ئۈزۈملەرنى ئۈزگەنلەر مۇقەددەس ئۆيۈمنىڭ سەينالىرىدا ئۇلاردىن
ئىچىدۇ».
10 ــ ئۆتۈڭلار، دەرۋازىلاردىن ئۆتۈڭلار!
خەلقنىڭ يولىنى تۈز قىلىپ تەييارلاڭلار!
يولنى كۆتۈرۈڭلار، كۆتۈرۈڭلار؛
تاشلارنى ئېلىپ تاشلىۋېتىڭلار؛
خەلق-مىللەتلەر ئۈچۈن يول كۆرسىتىدىغان بىر تۇغنى كۆتۈرۈڭلار.
11 مانا، پەرۋەردىگار جاھاننىڭ چەت-ياقلىرىغا مۇنداق دەپ
جاكارلىدى: ــ
زىئون قىزىغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن: ــ
«قارا، سېنىڭ نىجات-قۇتۇلۇشۇڭ كېلىۋاتىدۇ!
قارا، ئۇنىڭ ئۆزى ئالغان مۇكاپىتى ئۆزى بىلەن بىللە،

**10:62 «ئۆتۈڭلار، دەرۋازىلاردىن ئۆتۈڭلار! خەلقنىڭ يولىنى تۈز قىلىپ تەييارلاڭلار! يولنى كۆتۈرۈڭلار، كۆتۈرۈڭلار؛ تاشلارنى ئېلىپ تاشلىۋېتىڭلار»** ــ يولنى، ئىسرائىلدىكى تارقىلىپ كەتكەن، باشقا يۇرتلاردا سۈرگۈن بولغانلار، شۇنداقلا خۇدانى ئىزدىگەن مۇساپىرلار بىلەن بىللە زىئونغا كەلمەكچى بولغانلار ئۈچۈن تەييارلاڭلار، دېمەكچى بولسا كېرەك.

**10:62** يەش. 3:40؛ 14:57

ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنئامى ئۆزىگە ھەمراھ بولىدۇ.
12 ۋە خەقلەر ئۇلارنى: «پاك-مۇقەددەس خەلق»،
«پەرۋەردىگار ھەمجەمەتلىك قىلىپ قۇتقۇزغانلار» دەيدۇ؛
سەن بولساڭ: «ئىنتىلىپ ئىزدەلگەن»، «ھېچ تاشلىۋېتىلمىگەن
شەھەر» دەپ ئاتىلىسەن.

## «كۆزەتچىلەر» بىر ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ

# 63

1 «بوزراھ شەھىرىدىن چىققان، ئۇستىبېشى قېنىق قىزىل رەڭلىك،
كىيىم-كېچەكلىرى قالتىس-كارامەت،
زور كۈچ بىلەن قول سىلىپ مېڭىۋاتقان،
ئېدومدىن مۇشۇ يەرگە كېلىۋاتقۇچى كىم؟»
«ھەققانىيلىق بىلەن سۆزلىگۈچى مەن،
قۇتقۇزۇشقا كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغۇچىدۇرمەن».
2 «ئۇستىبېشىڭدىكىسى نېمىشقا قىزىل،
قانداقسىگە كىيىم-كېچەكلىرىڭ شاراب كۆلچىكىنى

---

11:62 **«قارا، سېنىڭ نىجات-قۇتۇلۇشۇڭ كېلىۋاتىدۇ!... ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنئامى ئۆزىگە ھەمراھ بولىدۇ»** — ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا قارىغاندا، مۇنۇ «نىجات-قۇتۇلۇش» **بىر شەخس،** يەنى مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر؛ «ئۇنىڭ ئالغان مۇكاپىتى» ھەم «ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنئامى» 10- ھەم 12-ئايەتكە قارىغاندا دەل ئۆزى قۇتقۇزغان «خەلقىم» ھەم «خەلق-مىللەتلەر»دىن ئىبارەتتۇر.
12:62 **«ۋە خەقلەر ئۇلارنى: «پاك-مۇقەددەس خەلق»... دەيدۇ»** — «ئۇلار» دەل 10-ئايەتتە دېيىلگەن، زىئونغا كەلمەكچى بولغان «خەلق» ھەم «خەلق-مىللەتلەر»دۇر. **«سەن بولساڭ: «ئىنتىلىپ ئىزدەلگەن»،... دەپ ئاتىلىسەن»** — «سەن» زىئوننىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.
1:63 **«ھەققانىيلىق بىلەن سۆزلىگۈچى مەن، قۇتقۇزۇشقا كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغۇچىدۇرمەن»** — ئايەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى سوئالغا جاۋاب بەرگۈچى شۈبھىسىزكى، 10:61-11-ئايەتتە «قالتىس-كارامەت» كىيىم-كېچەك كىيىۋالغان»، ئۆزى (62-بابتا) كۆزەتچىلەرنى بېكىتكەن مەسىھدۇر. بىراق ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى باشقىچە كۆرۈنگەچكە، ئۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان چاغدا، ئۇلار ئۇنى تونىيالمىغان.
—«بوزراھ» شەھىرى توغرۇلۇق يەنە -34بابنى ۋە ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈڭ.

**چەيلىگۈچىنىڭكىگە ئوخشاپ قالدى؟».**
3 «مەن يالغۇز شاراب كۆلچىكىنى چەيلىدىم؛
بار ئەل-يۇرتلاردىن ھېچكىم مەن بىلەن بىللە بولغىنى يوق؛
مەن ئۇلارنى غەزىپىمدە چەيلىدىم،
قەھرىمدە ئۇلارنى دەسسىۋەتتىم؛
ئۇلارنىڭ قانلىرى كىيىم-كېچەكلىرىم ئۈستىگە چاچرىدى؛
مېنىڭ پۈتۈن ئۈستىبېشىم بويالدى؛
4 چۈنكى قەلبىمگە قىساس كۈنى پۈكۈلگەندى،
شۇنداقلا مەن ھەمجەمەتلىرىمنى قۇتقۇزىدىغان يىل كەلدى؛
5 مەن قارىسام، ياردەم قىلغۇدەك ھېچكىم يوق ئىدى؛
ھېچكىمنىڭ قوللىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئازابلىنىپ كۆڭلۈم پاراكەندە بولدى؛
شۇڭا ئۆز بىلىكىم ئۆزۈمگە نىجات كەلتۈردى؛
ئۆز قەھرىم بولسا، مېنى قوللاپ ماڭا چىدام بەردى؛
6 شۇنىڭ بىلەن ئەل-يۇرتلارنى غەزىپىمدە دەسسىۋەتكەنمەن،

---

2:63 **«ئۈستىبېشىڭدىكىسى نېمىشقا قىزىل، قانداقسىگە كىيىم-كېچەكلىرىڭ شاراب كۆلچىكىنى چەيلىگۈچىنىڭكىگە ئوخشاپ قالدى؟»** ــ مەسىھ كىيىۋالغان كىيىم ئەسلىدە «نىجاتنىڭ، ھەققانىيلىقنىڭ» كىيىمى (بەلكىم ئاپئاق) بولغاندىن كېيىن، «نېمىشقا قىزىل بولۇپ قالغان» ــ دەپ سورايدۇ.

**2:63** ۋەھ. 13:19

3:63 **«مەن ئۇلارنى غەزىپىمدە چەيلىدىم»** ــ «ئۇلار» (نىجاتنى رەت قىلغان) يات ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ (6-ئايەتنى كۆرۈڭ).

4:63 **«مەن ھەمجەمەتلىرىمنى قۇتقۇزىدىغان يىلى»** ــ دېمەك، خۇدانىڭ نىجاتىنى قوبۇل قىلغان بەندىلىرى مۇشۇ دۇنيادىكى بارلىق بوزەك قىلىشلاردىن، بارلىق زىيانكەشلەردىن ئازاد قىلىنىپ ئەركىن بولۇش ۋاقتىدۇر. رەزىللەرنىڭ جازالىنىشى بىلەن ئۇلار ئەركىن بولىدۇ.

**4:63** يەش. 2:61

5:63 **«ئۆز قەھرىم بولسا، مېنى قوللاپ ماڭا چىدام بەردى»** ــ مۇشۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، ئىنسانلارنى جازالاش خۇدا ھەم ئۇنىڭ مەسىھى ئۈچۈن كۆڭلىگە ئىنتايىن ئېغىر كېلىدىغان تەس بىر ئىشتۇر.

**5:63** يەش. 16:59

قەھرىمدە ئۇلارنى مەست قىلىۋەتتىم،
قانلىرىنى يەرگە تۆكۈۋەتتىم».

## «خۇدانى ئەسلەتكۈچى كۆزەتچى»لەردىن بىرى يەنە دۇئا قىلىدۇ

7 «مەن پەرۋەردىگارنىڭ شەپقەتلىرى توغرۇلۇق ئەسلىتىپ سۆزلەيمەن؛
پەرۋەردىگارنىڭ مەدھىيەگە لايىق قىلغانلىرى،
ئۇنىڭ رەھىمدىللىقلىرىغا ئاساسەن،
ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان شەپقەتلىرىگە ئاساسەن،
پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتلىرى،
ئىسرائىل جەمەتىگە ئىلتىپات قىلغان زور ياخشىلىقلىرى توغرۇلۇق
ئەسلىتىپ سۆزلەيمەن؛
8 ئۇ ئۇلارنى: ــ «ئۇلار مېنىڭ خەلقىم،
ئالدامچىلىق قىلمايدىغان بالىلار» دەپ،
ئۇلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولدى.
9 ئۇلارنىڭ بارلىق دەردلىرىگە ئۇمۇ دەردداش ئىدى؛
«ئۇنىڭ يۈزىدىكى پەرىشتىسى» بولسا ئۇلارنى قۇتقۇزغان،
ئۇ ئۆز مۇھەببىتى ھەم رەھىمدىللىقى بىلەن ئۇلارنى ھەمجەمەتلىك
قىلىپ قۇتقۇزغان؛
ئاشۇ قەدىمكى بارلىق كۈنلەردە ئۇلارنى ئۆزىگە ئارتىپ كۆتۈرگەن؛

---

6:63 **«قەھرىمدە ئۇلارنى مەست قىلىۋەتتىم»** ــ بۇنداق «مەست قىلىش»نى چۈشىنىش ئۈچۈن، 51-باب، 17-، 21-22-ئايەتلەرنى يەنە كۆرۈڭ. خەلقلەرنى مەست قىلىدىغان شاراب «پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىكى قەھرىگە تولغان قەدەھ»تىكى «شاراب»تۇر.

8:63 **«ئۇ ئۇلارنى: ــ «ئۇلار مېنىڭ خەلقىم، ئالدامچىلىق قىلمايدىغان بالىلار» دەپ، ئۇلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولدى»** ــ مۇشۇ ئايەتلەر خۇدا ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ چىقارغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغنى ئىسرائىلنىڭ «تۇغۇلۇشى»، يەنى «يېڭى بىر خەلق، يېڭى بىر مىللەت» بولۇشى دەپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ.

9:63 **«ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ يۈزىدىكى پەرىشتىسى»** ــ مۇشۇ زات دەل تەۋرات-زەبۇردا كۆپ يەرلەردە «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**9:63** قان. 7:7، 8، 9

10 بىراق ئۇلار ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىغا ئازار بەردى؛
شۇڭا ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئۇ ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ،
ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلدى.
11 بىراق ئۇ: ــ «مۇسا پەيغەمبىرىم! مېنىڭ خەلقىم!» دەپ ئەينى
كۈنلەرنى ئەسلەپ توختىدى.
ئەمدى ئۆز پادىسى بولغانلارنى پادىچىلىرى بىلەن دېڭىزدىن
چىقىرىۋالغۇچى قېنى؟
ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تۇرغۇزۇپ قويغۇچى
قېنى؟
12 ئۇنىڭ گۈزەل شەرەپلىك بىلىكى مۇسانىڭ ئوڭ قولى ئارقىلىق
ئۇلارنى يېتەكلىگۈچى بولدى،
ئۆزى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بىر نامنى تىكلەپ،
ئۇلار ئالدىدا سۇلارنى بۆلۈۋەتكۈچى،
13 ئۇلارنى دالادا ئەركىن كېزىپ يۈرىدىغان ئاتتەك،
ھېچ پۇتلاشتۇرماي ئۇلارنى دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئۆتكۈزگۈچى
قېنى؟
14 ماللار جىلغىغا ئوتلاشقا چۈشكەندەك،
پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇلارغا ئارام بەردى؛
سەن ئۆزۈڭ گۈزەل-شەرەپلىك بىر نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن،
سەن مۇشۇ يوللار بىلەن خەلقىڭنى يېتەكلىدىڭ.
15 ئاھ، ئاسمانلاردىن نەزىرىڭنى چۈشۈرگىن،

---

**10:63 «بىراق ئۇلار ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىغا ئازار بەردى»** ــ مۇشۇ سۆزگە قارىغاندا «خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى» چوقۇم خۇدانىڭ ئۆزىدىن (دېمەك، خۇدائاتىدىن) ئايرىم بىر شەخسدۇر.

**10:63** چۆل. 11:14؛ زەب. 78:56-59؛ 95:9-11

**11:63 «ئۆز پادىسى بولغانلار»** ــ ئىسرائىل خەلقى. **«ئۆز... پادىچىلىرى»** ــ بولسا شۈبھىسىزكى، مۇسا پەيغەمبەر، ئاكىسى ھارۇن ھەم ئاچىسى مەريەم، شۇنداقلا بەلكىم يەشۇئا پەيغەمبەر ئىدى.

**13:63** زەب. 105:37

**سېنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىڭ، گۈزەللىك-شەرىپىڭ تۇرغان ماكانىڭدىن ھالىمىزغا قاراپ باق!**
**قېنى ئوتلۇق مۇھەببىتىڭ ۋە كۈچ-قۇدرىتىڭ!؟**
**ئىچىڭنى ئاغرىتىشلىرىڭ، رەھىمدىللىقلىرىڭ قېنى؟**
**ئۇلار ماڭا كەلگەندە بېسىلىپ قالدىمۇ؟**
**16 چۈنكى گەرچە ئىبراھىم بىزنى تونۇمىسىمۇ،**
**ياكى ئىسرائىل گەرچە بىزنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ،**
**سەن ھامان بىزنىڭ ئاتىمىز؛**
**سەن پەرۋەردىگار بىزنىڭ ئاتىمىزدۇرسەن؛**
**ئەزەلدىن تارتىپ «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىمىز» سېنىڭ نامىڭدۇر.**
**17 ئى پەرۋەردىگار، نېمىشقا بىزنى يوللىرىڭدىن ئازدۇرغانسەن؟**
**نېمىشقا ئۆزۈڭدىن قورقۇشتىن ياندۇرۇپ كۆڭلىمىزنى تاش قىلغانسەن؟!**
**قۇللىرىڭ ئۈچۈن، ئۆز مىراسىڭ بولغان قەبىلىلەر ئۈچۈن،**
**يېنىمىزغا يېنىپ كەلگەيسەن!**
**18 مۇقەددەس خەلقىڭ پەقەت ئازغىنە ۋاقىتلا تەۋەلىكىگە ئىگە بولالىغان؛**

---

**15:63** قان. 15:26

**16:63 «گەرچە ئىبراھىم بىزنى تونۇمىسىمۇ، ياكى ئىسرائىل گەرچە بىزنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ،...»** ــ ئىبراھىم ھەم ئىسرائىل (ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى) خېلى بۇرۇنلا ئالەمدىن كەتكەنىدى، ئەلۋەتتە. مۇشۇ سۆزنىڭ مەنىسى، ناۋادا ئاتىمىز ئىبراھىم ياكى ئىسرائىل (يەنى ياقۇپ) مۇشۇ ئالەمدە تېخى تۇرغان بولسا، بىزنىڭ ناچار ئەھۋالىمىزنى، ئەخلاقسىزلىقىمىزنى، پەزىلەتسىزلىكىمىزنى كۆرۈپلا ئىنتايىن بىزار بولۇپ: «مۇشۇ خەلق بىزنىڭ ئەۋلادىمىز بولمىسا كېرەك» ــ دەپ بىزلەرنى ئېتىراپ قىلماسلىقى مۇمكىن، دېمەكچى.

دۈشمەنلىرىمىز مۇقەددەس جايىڭنى ئاياغ ئاستى قىلدى؛
19 شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزۈڭدىن بۇيان سەن ئىدارە قىلىپ باقمىغان،
سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتىلىپ باقمىغان بىر خەلقتەك بولۇپ قالدۇق!

## دۇئانىڭ داۋامى

64 2-1 ئاھ، سەن ئاسمانلارنى يىرتىۋېتىپ،
يەرگە چۈشكەن بولساڭئىدى!
تاغلار بولسا يۈزۈڭ ئالدىدا ئېرىپ كېتەتتى! مانا مۇشۇنداق بولغاندا
تۇتۇرۇقا ئوت ياققاندەك،
ئوت سۇنى قايناتقاندەك،
سەن نامىڭنى دۈشمەنلىرىڭگە ئايان قىلغان بولاتتىڭ،
ئەللەر يۈزۈڭدىنلا تىترەپ كېتەتتى!
3 سەن بىز كۈتمىگەن دەھشەتلىك ئىشلارنى قىلغان ۋاقتىڭدا،
سەن چۈشكەنىدىڭ؛
يۈزۈڭدىن تاغلار راستلا ئېرىپ كەتتى!
4 سەندىن باشقا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ كۈتكەنلەر ئۈچۈن ئىشلىگۈچى بىر
خۇدانى،

---

18:63 «دۈشمەنلىرىمىز مۇقەددەس جايىڭنى ئاياغ ئاستى قىلدى» ــ يەشايانىڭ ئۆمرىدە خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسى تېخى مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر بۇ بېشارەتتە ئۆزىدىن كېيىنكى بىر دەۋرنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى كېرەك. يېرۇسالېمدىكى شۇ ئىبادەتخانا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى ۋەيران قىلىندى. بېشارەت مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىنكى دەۋرنىڭ بولىدىغان ھېسسىياتلىرىنى، ئارزۇ-خىياللىرىنى ھەم دۇئالىرىنى كۆرسەتسە كېرەك.

**18:63** زەب. 8-3:74

2-1:64 **«ئاھ، سەن ئاسمانلارنى يىرتىۋېتىپ، يەرگە چۈشكەن بولساڭئىدى! تاغلار بولسا يۈزۈڭ ئالدىدا ئېرىپ كېتەتتى!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئاھ، سەن ئاسمانلارنى يىرتىۋېتىپ، يەرگە چۈشسەڭ ئىدىڭ! تاغلار بولسا يۈزۈڭ ئالدىدا ئېرىپ كېتەتتى!».

3:64 **«يۈزۈڭدىن تاغلار راستلا ئېرىپ كەتتى!»** ــ ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، خۇدا ئۇلارغا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق مۇقەددەس قانۇن-پەرمانلىرىنى بەرگەن ۋاقتىدا، سىناي تاغلىرى شۇنداقلا ئېرىپ كەتتى. يەشايا پەيغەمبەر بەلكىم مۇشۇ ئىشلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئادەملەر ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان،
قۇلاققا يېتىپ باقمىغان،
كۆز كۆرۈپ باقمىغاندۇر!
5 سەن ھەققانىيلىقنى يۈرگۈزۈشنى خۇرسەنلىك دەپ بىلگەن
ئادەمنىڭ،
يەنى يوللىرىڭدا مېڭىپ، سېنى سېغىنغانلارنىڭ ھاجىتىدىن
چىققۇچى ھەمراھدۇرسەن؛
بىراق مانا، سەن غەزەپتە بولدۇڭ،
بىز بولساق گۇناھتا بولدۇق؛
ئۇنداق ئىشلار ئۇزۇن بولۇۋەردى؛
ئەمدى بىز قۇتقۇزۇلامدۇق؟
6 ئەمدى بىز ناپاك بىر نەرسىگە ئوخشاش بولدۇق،
قىلىۋاتقان بارلىق «ھەققانىيەتلىرىمىز» بولسا بىر ئەۋرەت لاتىسىغىلا
ئوخشايدۇ، خالاس؛
ھەممىمىز يوپۇرماقتەك خازان بولۇپ كەتتۇق،
قەبىھلىكلىرىمىز شامالدەك بىزنى ئۇچۇرۇپ تاشلىۋەتتى.
7 سېنىڭ نامىڭنى چاقىرىپ نىدا قىلغۇچى،
ئىلتىپاتىڭنى تۇتۇشقا قوزغالغۇچى ھېچ يوقتۇر؛
چۈنكى سەن يۈزۈڭنى بىزدىن قاچۇرۇپ يوشۇردۇڭ،
قەبىھلىكلىرىمىزدىن بىزنى سولاشتۇرغۇزدۇڭ.
8 بىراق ھازىر، ئى پەرۋەردىگار، سەن بىزنىڭ ئاتىمىزدۇرسەن؛
بىز سېغىز لاي، سەن بىزنىڭ ساپالچىمىزدۇرسەن؛
ھەممىمىز بولساق قولۇڭدا ياسالغاندۇرمىز؛
9 ئى پەرۋەردىگار، بىزگە قاراتقان غەزىپىڭنى زور قىلمىغايسەن،
قەبىھلىكنى مەڭگۈگىچە ئەسلەپ يۈرمىگىن؛

---

**4:64** زەب. 19،20:31؛ 1كور. 9:2
**6:64** زەب. 90:5-8

مانا، قارىغىن، ھەممىمىز سېنىڭ خەلقىڭدۇرمىز!
[10] مۇقەددەس شەھەرلىرىڭ جاڭگال،
زىئونمۇ جاڭگال بولۇپ قالدى؛
يېرۇسالېم ۋەيران بولدى؛
[11] ئاتا-بوۋىمىز سېنى مەدھىيىلىگەن جاي،
پاك-مۇقەددەسلىك، گۈزەل-پارلاقلىق تۇرالغۇسى بولغان ئۆيىمىز بولسا ئوت بىلەن كۆيۈپ كۈل بولدى؛
قەدىر-قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ۋەيران قىلىنىۋېتىلدى.
[12] مۇشۇ ئىشلار ئالدىدا ئۆزۈڭنى چەتكە ئالامسەن، ئى پەرۋەردىگار؟
سۈكۈت قىلىپ تۇرامسەن؟
بىزنى بولۇشىچە خار قىلىپ ئۆرۈۋېرەمسەن؟»

## خۇدانىڭ دۇئاغا بەرگەن جاۋابى
## «يېڭى ئىشلار»، يېڭى ئاسمان-زېمىن

65 [1] ئەزەلدىن مېنى ئىزدىمىگەنلەرگە مېنى سوراش يولىنى ئاچتىم؛
مەن ئۆزۈمگە ئىنتىلمىگەنلەرگە ئۆزۈمنى تاپقۇزدۇم.

---

**9:64** زەب. 8:79

11:64 **«...پاك-مۇقەددەسلىك، گۈزەل-پارلاقلىق تۇرالغۇسى بولغان ئۆيىمىز بولسا ئوت بىلەن كۆيۈپ كۈل بولدى»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۆيىمىز» مۇقەددەس ئىبادەتخانا، ئەلۋەتتە. «ئۆي» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى بولسا، خۇدانىڭ ئەسلى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (ئىبادەتخانىسىدا) تۇرغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. «قەدىر-قىممەتلىك نەرسىلىرىمىز»نىڭ ئەڭ ئېسىلى بولسا يەنىلا ئىبادەتخانىدىكى بۇيۇم-جابدۇقلار بولغانىدى.

—بابىللىقلارنىڭ يېرۇسالېمنى، جۈملىدىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلغانلىقى بەلكىم مۇشۇ بېشارەتتىن كېيىنكى 100 يىل ئەتراپىدا بولدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى). مۇشۇ ئايەتتە، پەيغەمبەر (15:63-19-ئايەتلەردىكى ئەھۋالغا ئوخشاش) ئۆزى ئاشۇ دەۋردە تۇرغاندەك سۆز قىلىدۇ؛ ئۇ ئاشۇ دەۋردىكىلەرگە ۋەكىل بولۇپ دۇئا قىلىدۇ.

**مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتالمىغان يات بىر ئەلگە مەن: ــ «ماڭا قارا، ماڭا قارا» ــ دېدىم.**
**2 بىراق يامان يولدا ماڭىدىغان،**
**ئۆزىنىڭ پىكىر-خىيالىغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان،**
**ئاسىيلىق قىلغۇچى بىر خەلققە بولسا مەن كۈن بويى قولۇمنى ئۇزىتىپ ئىنتىلىپ كەلدىم.**
**3 يەنى باغلاردا قۇربانلىق قىلىپ،**
**ئۇلارنى خىشلىق سۇپىلار ئۈستىدىمۇ كۆيدۈرۈپ،**
**كۆز ئالدىمدىلا زەردەمگە تېگىدىغان بىر خەلق؛**
**4 ئۇلار قەبرىلەر ئارىسىدا ئولتۇرىدۇ،**
**مەخپىي جايلاردىمۇ تۈنەپ ئولتۇرىدۇ؛**
**ئۇلار چوشقا گۆشىنى يەيدۇ،**
**قازان-قاچىلىرىدا ھەرقانداق يىرگىنچلىك نەرسىلەرنىڭ شورپىسى بار.**
**5 ئۇلار: «ئۆزۈڭ بىلەن بول،**
**ماڭا يېقىنلاشقۇچى بولما؛**
**چۈنكى مەن سەندىن پاكمەن» ــ دەيدۇ؛**
**مۇشۇلار دىمىغىمغا كىرگەن ئىس-تۈتەك،**
**كۈن بويى ئۆچمەي تۆرىدىغان ئوتتۇر!**

---

2:65 **«يامان يولدا ماڭىدىغان...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ياخشى ئەمەس يولدا ماڭىدىغان...».
3:65 **«ئۇلار... باغلاردا قۇربانلىق قىلىپ، ئۇلارنى خىشلىق سۇپىلار ئۈستىدىمۇ كۆيدۈرۈپ...»** ــ باغلار پات-پات «بائال» دېگەن بۇتقا چوقۇنىدىغان جايلار بولۇپ قالاتتى. قۇربانلىقنى بولسا پەقەت ئىبادەتخانىدىلا قىلسا بولاتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا «قۇربانگاھ»لارنى پەقەت تاشلار ياكى تۇپراق قاتارلىق تەبىئىي ماتېرىياللاردىنلا ياسىغلى بولاتتى. **«ئۇلارنى خىشلىق سۇپىلار ئۈستىدىمۇ كۆيدۈرۈپ...»** ــ ياكى «خۇشبۇينى خىشلىق سۇپىلار ئۈستىدىمۇ كۆيدۈرۈپ».
4:65 **«ئۇلار قەبرىلەر ئارىسىدا ئولتۇرىدۇ، مەخپىي جايلاردىمۇ تۈنەپ ئولتۇرىدۇ»** ــ مۇشۇ كىشىلەرنىڭ مازارلاردا، «مەخپىي جايلار»دا ئولتۇرۇپ تۈنەشتىكى مەقسىتى، شۈبھىسىزكى، «ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ روھلىرى»غا دۇئا قىلىپ ئالاقىلىشىش، شۇنداقلا جىن-شەيتانلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئىدى. ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئۇرۇنۇش تەۋراتتا قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

**7-6 مانا، مېنىڭ ئالدىمدا پۈتۈكلۈك تۇرىدۇكى: ــ**
**مەن سۈكۈت قىلىپ تۇرمايمەن ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار ــ**
**بەلكى ھەم سىلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىڭلارنى،**
**شۇنداقلا تاغ چوققىلىرىدا ئىسرىق ياققان،**
**دۆڭلەر ئۈستىدىمۇ مېنى ھاقارەتلىگەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ قەبىھلىكلىرىنى بىرلىكتە قايتۇرىمەن،**
**شۇلارنى ئۆز قوچاقلىرىغا قايتۇرىمەن؛**
**بەرھەق، مەن ئىلگىرىكى قىلغانلىرىنى ئۆز قوچاقلىرىغا ئۆلچەپ قايتۇرىمەن.**
**8 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**ساپاق ئۈزۈمنىڭ «سارقىندى شىرنە»سى كۆرۈنگەندە،**
**خەقلەرنىڭ: «ئۇنى چەيلىۋەتمە ۋەيران قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭدا بەرىكەت تۇرىدۇ» دېگىنىدەك،**
**مەن ئۆز قۇللىرىمنىڭ سەۋەبىدىنلا شۇنداق قىلىمەنكى،**
**ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلمايمەن.**

---

7-6:65 **«سىلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىڭلارنى، شۇنداقلا تاغ چوققىلىرىدا ئىسرىق ياققان، دۆڭلەر ئۈستىدىمۇ مېنى ھاقارەتلىگەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ قەبىھلىكلىرىنى بىرلىكتە قايتۇرىمەن»** ــ تاغلارنىڭ چوققىلىرى ياكى دۆڭلەر پات-پات بۇتقا چوقۇنىدىغان جايلار بولۇپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەيغەمبەر تاغ ياكى دۆڭلەر ئۈستىدە قۇربانلىق قىلىشنىمۇ مەنئى قىلغان. ئايەتتە كۆرسىتىلگەن مۇشۇ قىلمىشلىرى، شۈبھىسىزكى، بۇتپەرەسلىك ئىدى. **«بەرھەق، مەن ئىلگىرىكى قىلغانلىرىنى ئۆز قوچاقلىرىغا ئۆلچەپ قايتۇرىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بەرھەق، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆز قوچاقلىرىغا قايتۇرۇۋېتىش مېنىڭ بىرىنچى ئىشىمدۇر».
8:65 **«ساپاق ئۈزۈمنىڭ «سارقىندى شىرنە»سى كۆرۈنگەندە، خەقلەرنىڭ: «ئۇنى چەيلىۋەتمە ۋەيران قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭدا بەرىكەت تۇرىدۇ» دېگىنىدەك،...»** ــ قانائاندا (پەلەستىندە) ئۈزۈمدىن «ئۆزى چىققان» شىرنە بولسا ئىنتايىن ئەتىۋارلىنىدۇ؛ سەۋەبى، ئۇنىڭدىن ئىشلىنىدىغان شاراب ئىنتايىن مېزىلىك بولىدۇ. شۇڭا مەلۇم بىر ساپ ئۈزۈمدىن مۇشۇ «سارقىندى شاراب» چىققانلىقى بايقالسا، ئۇ باشقا ئۈزۈم ساپاقلىرى بىلەن قوشۇپ چەيلىۋېتىلمەيدۇ، «شىرنە چىققۇچە» ئايرىم قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئۆزىگە سادىق بولغان «قالدىلار» ئىسرائىلدا بار بولسىلا، ئۇلارنى يوقاتمايدۇ. بىز يۇقىرىقى بابلاردىن بىلىمىزكى، مۇشۇ «ئىگىدار» نەسىل (9-ئايەت) دەل «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نىڭكى، يەنى مەسىھنىڭ نەسلىدۇر.

9 شۇنداق قىلىپ مەن ياقۇپتىن بىر نەسىلنى،
يەھۇدادىنمۇ تاغلىرىمغا بىر ئىگىدارنى چىقىرىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تاللىغانلىرىم زېمىنغا ئىگە بولىدۇ،
مېنىڭ قۇللىرىم شۇ يەردە ماكانلىشىدۇ.
10 مېنى ئىزدىگەن خەلقىم ئۈچۈن،
شارون بولسا يەنە قوي پادىلىرىغا قوتان،
ئاخور بولسا كالا پادىلىرىغا قونالغۇ بولىدۇ.
11 بىراق پەرۋەردىگارنى تاشلاپ،
مۇقەددەس تېغىمنى ئۇنتۇغۇچى،
«تەلەي» دېگەن بۇت ئۈچۈن داستىخان سالغۇچى،
«تەقدىر» دېگەن بۇت ئۈچۈنمۇ ئەبجەش شارابنى قۇيۇپ قاچىلارنى تولدۇرغۇچىسىلەر،
12 مەن سىلەرنى قىلىچقا «تەقدىر» قىلدىم،
سىلەرنىڭ ھەممىڭلار قىرغىنچىلىقتا باش ئېگىسىلەر؛
چۈنكى مەن چاقىردىم، سىلەر جاۋاب بەرمىدىڭلار؛
مەن سۆز قىلدىم، سىلەر قۇلاق سالمىدىڭلار؛

---

9:65 **«مەن ياقۇپتىن بىر نەسلنى، يەھۇدادىنمۇ تاغلىرىمغا بىر ئىگىدارنى چىقىرىمەن»** ــ دېمەك، خۇدا «قالدىسى»دىن، ئۆزىگە سادىق يېڭى بىر دەۋرنى چىقىرىدۇ، ئۇلارنى «مۇقەددەس زېمىن»غا ئىگە قىلىدۇ.

10:65 **«شارون بولسا يەنە قوي پادىلىرىغا قوتان، ئاخور بولسا كالا پادىلىرىغا قونالغۇ بولىدۇ»** ــ شارون بولسا پەلەستىننىڭ غەرب تەرىپىدە، ئەسلى ئىنتايىن مۇنبەت جاي ئىدى. شۇ رايون بەلكىم ئاسۇرىيە (ھەم كېيىنكى بابىللىقلارنىڭ) بۇلاڭچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن قاقاسلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئاخور بولسا شەرقىي تەرەپتە بولۇپ ئانچە مۇنبەت ئەمەس ئىدى. ئىسرائىللار ئاخوردا خۇداغا قاتتىق ئاسىيلىق قىلغانىدى (تەۋراتتىكى «يەشۇئا» 7-بابنى كۆرۈڭ). بىراق ھازىر ئۇ خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىماي، مۇنبەت بولۇپ كېتىدۇ. پەلەستىندىكى بۇ ئىككى جاي ھەم ئارىلىقىدىكى بارلىق پەلەستىن زېمىنلىرى غەربتىن-شەرققىچە پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، بەلكى تېخىمۇ ئاۋات ئەھۋالغا كەلتۈرۈلىدۇ، دېمەكچى.

11:65 **«تەلەي»...«تەقدىر»...** ــ (ئىبرانىي تىلىدا «گاد» دېيىلىدۇ) سۈرىيەدىكى بىر بۇت. «تەقدىر» يەنە بىر بۇت ــ ئەسلى ئىبرانىي تىلىدا «مەنىي»؛ بۇنىڭ مەنىسى «تەقدىر» «تەقسىمات، سانىلىش» ئىدى.

ئەكسىچە نەزىرىمدە يامان بولغاننى قىلىۋاتىسىلەر،
مەن ياقتۇرمايدىغاننى تاللىغانسىلەر.
[13] شۇڭا، رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
مانا، مېنىڭ قۇللىرىم يەيدۇ،
سىلەر ئاچ قالىسىلەر؛
مانا، مېنىڭ قۇللىرىم ئىچىدۇ،
بىراق سىلەر ئۇسسۇز قالىسىلەر؛
مانا، مېنىڭ قۇللىرىم شادلىنىدۇ،
سىلەر شەرمەندىلىكتە قالىسىلەر؛
[14] مانا، كۆڭلىدىكى شاد-خۇراملىقتىن قۇللىرىم ناخشا ئېيتىدۇ،
سىلەر كۆڭۈلدىكى ئازابتىن زار-زار يىغلايسىلەر،
روھ-قەلب سۇنۇقلۇقىدىن نالە-پەرياد كۆتۈرىسىلەر.
[15] ئىسمىڭلارنى مېنىڭ تاللىغانلىرىمغا لەنەت بولۇشقا قالدۇرىسىلەر.
رەب پەرۋەردىگار سېنى ئۆلتۈرىدۇ،
ھەم ئۇنىڭ قۇللىرىغا باشقا بىر ئىسىمنى قويۇپ بېرىدۇ.
[16] شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ئۆزىگە بىر بەختنى تىلىسە،
«ئامىن» دېگۈچى خۇدانىڭ نامى بىلەن ئاشۇ بەختنى تىلەيدۇ؛
كىمكى قەسەم ئىچمەكچى بولسا،
ئەمدى «ئامىن» دېگۈچى خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ؛
چۈنكى بۇرۇنقى دەرد-ئەلەملەر ئۇنتۇلغان بولىدۇ،

**چۈنكى ئۇلارنى كۆزۈمدىن يوشۇردۇم.**
**[17] چۈنكى قاراڭلار، مەن يېڭى ئاسمانلارنى ۋە يېڭى زېمىننى يارىتىمەن؛**
**ئىلگىرىكى ئىشلار ھېچ ئەسلەنمەيدۇ،**
**ھەتتا ئەسكە كەلمەيدۇ.**
**[18] ئەكسىچە سىلەر مېنىڭ يارىتىدىغانلىقىمدىن خۇشاللىنىڭلار؛**
**مەڭگۈگە شاد-خۇراملىقتا بولۇڭلار،**
**چۈنكى مەن يېرۇسالېمنى شاد-خۇراملىق،**
**ئۇنىڭ خەلقىنى خۇشاللىق بەرگۈچى قىلىپ يارىتىمەن.**
**[19] ئۆزۈممۇ يېرۇسالېمدىن شاد-خۇراملىقتا بولىمەن،**
**شۇنداقلا ئۆز خەلقىمدىن خۇشاللىنىمەن؛**
**ئۇنىڭدا نە يىغا ئاۋازى،**

---

16:65 **«شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ئۆزىگە بىر بەختنى تىلىسە، «ئامىن» دېگۈچى خۇدانىڭ نامى بىلەن ئاشۇ بەختنى تىلەيدۇ»** — خۇدانىڭ ئۆز قۇللىرىغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى (8-14-ئايەتتىكى) ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى كۆرگەن خەقلەر خۇدانى بولسا «ئامىن» دېگۈچى خۇدا (ياكى «ئامىن»نىڭ ئىگىسى خۇدا»)، يەنى مۆمىن بەندىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلايدىغان خۇدا، دەپ بىلىدۇ. «ئامىن» دېگەن سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى توغرۇلۇق «تەبىرلەر»، شۇنداقلا «2كور.» 1:20نىمۇ كۆرۈڭ. **«كىمكى قەسەم ئىچمەكچى بولسا، ئەمدى «ئامىن» دېگۈچى خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ؛ چۈنكى بۇرۇنقى دەرد-ئەلەملەر ئۇنتۇلغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنى كۆزۈمدىن يوشۇردۇم»** — خۇدانىڭ سەلتەنىتىدە بولغانلار بۇرۇنقى (بولۇپمۇ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان) دەرد-ئەلەملەرنى ئېسىگە كەلتۈرمەيدۇ؛ چۈنكى خۇدا ئۆزى ئۇلارنىڭ گۇناھ-سەۋەنلىكلىرىنى ئۇنتۇغان بولىدۇ.

**نە نالە-پەريادلار ئىككىنچى ئاڭلانمايدۇ؛**

**20 ئۇنىڭدا يەنە بىرنەچچە كۈنلۈك چاچراپ كەتكەن بوۋاق بولمايدۇ،**

**ياكى ۋاقتى توشماي ۋاقىتسىز كەتكەن بوۋاي بولمايدۇ؛**

**يۈز ياشقا كىرگەن بولسا «يىگىت» سانىلىدۇ،**

**شۇنىڭدەك گۇناھكار يۈز ياشقا كىرىپ ئۆلگەن بولسا «خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان» دەپ ھېسابلىنىدۇ.**

**21 ئۇلار ئۆيلەرنى سالىدۇ، ئۇلاردا تۇرىدۇ؛**

**ئۇلار ئۈزۈمزارلارنى بەرپا قىلىدۇ، ئۇلاردىن مېۋە يەيدۇ؛**

**22 ئۇلار ياسىغان ئۆيلەردە، باشقا بىرسى تۇرمايدۇ؛**

**تىكىلگەن ئۈزۈمزارلاردىن، باشقا بىرسى مېۋە ئېلىپ يېمەيدۇ؛**

**چۈنكى خەلقىمنىڭ كۈنلىرى دەرەخنىڭ ئۆمرىدەك بولىدۇ؛**

---

19:65 **ئۆزۈممۇ يېرۇسالېمدىن شاد-خۇراملىقتا بولىمەن، شۇنداقلا ئۆز خەلقىمدىن خۇشاللىنىمەن؛ ئۇنىڭدا نە يىغا ئاۋازى، نە نالە-پەريادلار ئىككىنچى ئاڭلانمايدۇ»** ــ «يېڭى ئاسمانلار، يېڭى زېمىن، يېڭى يېرۇسالېم» توغرۇلۇق ئازراق توختىتايلى. ئىنجىلدىكى «ۋەھيي» دېگەن قىسمىغا ئاساسەن بىلىمىزكى، مەسىھ **مۇشۇ دۇنيادا** مىڭ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. شۇ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەھۋال يەشايا پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتىدەك بولىدۇ. ئۇ تېخى ئاخىرقى «يېڭى ئاسمانلار، يېڭى زېمىن» ئەمەس؛ چۈنكى مۇشۇ ئايەتلەرگە قارىغاندا، ئۆلۈم دېگەن ئىش (مەيلى ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولسىمۇ) تېخى مەۋجۇت؛ گۇناھ تېخى مەۋجۇت؛ **ئاخىرقى** «يېڭى ئاسمانلار، يېڭى زېمىن» مەڭگۈلۈك بولىدۇ؛ ئۇلاردا ئۆلۈممۇ يوق، گۇناھ يوق. ئىنجىلدىكى «ۋەھيي» 21-22-بابلارنى كۆرۈڭ. مەسىھ مۇشۇ دۇنيادا مىڭ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان «يېڭى ئاسمانلار، يېڭى زېمىن، يېڭى يېرۇسالېم» بىزنىڭ مەڭگۈلۈك «يېڭى ئاسمانلار، يېڭى زېمىن، يېڭى يېرۇسالېم»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزگە زور ياردەم بېرىدۇ؛ بۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشاش يەرلىرى كۆپ (مەسىلەن، قورقۇنچ، دەرد-ئەلەم يوقىتىلغانلىقى)؛ خۇدا زامانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مىڭ يىللىق «يېڭى ئاسمانلار، يېڭى زېمىن، يېڭى يېرۇسالېم»نى مەڭگۈلۈك «يېڭى ئاسمانلار، يېڭى زېمىن، يېڭى يېرۇسالېم»غا ئايلاندۇرىدۇ.

—مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق سەلتەنىتى توغرىسىدا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

20:65 **«شۇنىڭدەك گۇناھكار يۈز ياشقا كىرىپ ئۆلگەن بولسا «خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان» دەپ ھېسابلىنىدۇ»** ــ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى چوڭ ياشتىلا ئۆلىدىغان بولغاچقا، «يۈز ياشتا ئۆلگەن» بولسا، پەقەتلا «ناھايىتى بىر يىگىت» دەپ قارىلىدۇ؛ خەقلەر ئۇنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇنى «شۇنچە ياش تۇرۇپلا ئۆلگەن، چوقۇم خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان بولسا كېرەك» دەپ قارايدۇ.

**مىنىڭ تاللىغانلىرىم ئۆزلىرى ئۆز قولى بىلەن ياسىغانلىرىدىن ئۆز**
**ئۆمرىدە تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ.**
**23 ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمگىكى بىكارغا كەتمەيدۇ؛**
**ياكى ئۇلارنىڭ بالىلىرى تۇغۇلغاندا كىلەچىكى توغرۇلۇق ۋەھىمە**
**مەۋجۇت بولمايدۇ؛**
**چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگار بەخت ئاتا قىلغان نەسىلدۇر،**
**ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ شۇنداق.**
**24 ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار نىدا قىلىپ چاقىرماستىنلا،**
**مەن ئىجابەت قىلىمەن؛ ئۇلار دۇئا قىلىپ سۆزلەۋاتقىنىدىلا،**
**مەن ئۇلارنى ئاڭلايمەن.**
**25 بۆرە ھەم پاقلان بىلەن بىللە ئوزۇقلىنىدۇ؛**
**شىر بولسا كالىدەك سامان يەيدۇ؛**
**يىلاننىڭ رىزقى بولسا توپا-چاڭلا بولىدۇ.**
**مىنىڭ مۇقەددەس تېغىمنىڭ ھەممە يېرىدە ھېچ زىيانكەشلىك**
**بولمايدۇ؛**
**ھېچ بۇزغۇنچىلىق بولمايدۇ، دەيدۇ پەرۋەردىگار.**

---

22:65 **«ئۇلار ياسىغان ئۆيلەردە، باشقا بىرسى تۇرمايدۇ؛ تىكىلگەن ئۈزۈمزارلاردىن، باشقا بىرسى مېۋە ئېلىپ يېمەيدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدا باشقىلار تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ تىككىنىدىن باشقىلار يەيدىغان ھالەت بولمايدۇ». **«دەرەخنىڭ ئۆمرى»** ــ ئەلۋەتتە ئىنتايىن ئۇزۇن بولىدۇ؛ دەرەخنىڭ ئۆزى ئىنتايىن مۇقىم، پۇختا ياشايدۇ؛ سۆزلەر مۇشۇ جەھەتنىمۇ ئىچىگە ئالسا كېرەك. **«...ئۆز قولى بىلەن ياسىغانلىرىدىن ئۆز ئۆمرىدە تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆز قولى بىلەن ياسىغانلىرى ئۆزى ئۇپرايدۇ» ــ دېمەك، پۈتۈن ئۆمرىدە تولۇق ئىشلىتىدۇ.

23:65 **«چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگار بەخت ئاتا قىلغان نەسىلدۇر»** ــ ياكى «چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگار بەخت ئاتا قىلغان (زات)نىڭ نەسىلدۇر». مۇشۇ تەرجىمىسى توغرا بولسا «پەرۋەردىگار بەخت ئاتا قىلغان (زات)» مەسىھنى كۆرسەتكەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

25:65 **«يىلاننىڭ رىزقى بولسا توپا-چاڭلا بولىدۇ»** ــ ئېرەم باغچىسىدا خۇدا يىلانغا: «توپا-چاڭنى يەيسەن» دېگەن لەنەتنى چۈشۈرگەنىدى. بىراق ھازىر ئۇنىڭ يېگەنلىرى **پەقەت** توپا-چاڭ بولىدۇ؛ ئۇ ھېچ ئادەم ياكى باشقا ھايۋانغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

**25:65** يەش. 6:11، 7، 8، 9؛ مات. 3:18

## خۇدانىڭ جاۋابى ـ داۋامى

66 [1] «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«ئاسمانلار مېنىڭ تەختىم،
زېمىن بولسا ئاياغلىرىمغا تەختىپەرىمدۇر،
ئەمدى ماڭا قانداق ئۆي-ئىمارەت ياسىماقچىسىلەر؟
ماڭا قانداق يەر ئارامگاھ بولالايدۇ؟
[2] بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ قولۇم ياراتقان، ئۇلار شۇنداق بولغاچقىلا بارلىققا كەلگەن ئەمەسمىدى؟ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ
لېكىن مەن نەزىرىمنى شۇنداق بىر ئادەمگە سالىمەن:
مۆمىن-كەمتەر، روھى سۇنۇق،
سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندا قورقۇپ تىترەك باسىدىغان بىر ئادەمگە نەزىرىمنى سالىمەن.
[3] كالا سويغان كىشى ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ،
قوزىنى قۇربانلىق قىلغان كىشى ئىتنىڭ بوينىنى سۇندۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ؛
ماڭا ھەدىيە تۇتقۇچى چوشقا قېنىنىمۇ تۇتۇپ بەرمەكچىدۇر؛
دۇئاسىنى ئەسلىتىشكە خۇشبۇي ياققۇچى مەبۇدقىمۇ مەدھىيە ئوقۇيدۇ؛
بەرھەق، ئۇلار ئۆزى ياقتۇرىدىغان يوللىرىنى تاللىغان،

1:66 **«زېمىن بولسا ئاياغلىرىمغا تەختىپەرىمدۇر»** ــ «تەختىپەر» پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندا ئاياغلىرىنى دەسسەتكەن كىچىك ئورۇندۇق. **«ئەمدى ماڭا قانداق ئۆي-ئىمارەت ياسىماقچىسىلەر؟ ماڭا قانداق يەر ئارامگاھ بولالايدۇ؟»** ــ بىرىنچى ئايەت بەلكىم خۇدانىڭ 64-باب، 11-ئايەتتىكى سوئالغا بېرىدىغان ئاساسىي جاۋابى. خۇدا «ئىبادەتخانا»نى ئانچە مۇھىم دەپ قارىمىسىمۇ، ئىنسانلار ئۆزىگە ئاتاپ سالغان ئىبادەتخانىنى چوقۇم كەمسىتىدۇ دېگىلى بولمايدۇ (20- ھەم 2-ئايەتكە قارىغاندا، كەلگۈسىدىكى «مىڭ يىللىق سەلتەنەتى»دە بىر «مۇقەددەس ئىبادەتخانا» بولىدۇ؛ بىراق خۇدانىڭ نەزىرى (2-ئايەتكە ئاساسەن) ھېچقانداق ئۆي-ئىمارەتتە ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن قورقىدىغان مۆمىن بەندىلىرىدە تۇرىدۇ.
**1:66** 1پاد. 27:8؛ 2تار. 18:6؛ روس. 48،49:7؛ 24:17

**كۆڭلى يىرگىنچلىك نەرسىلىرىدىن خۇرسەن بولىدۇ.**
4 **شۇڭا مەنمۇ ئۇلارنىڭ كۆلپەتلىرىنى تاللايمەن؛**
**ئۇلار دەل قورقىدىغان ۋەھىمىلەرنى بېشىغا چۈشۈرىمەن؛**
**چۈنكى مەن چاقىرغىنىمدا، ئۇلار جاۋاب بەرمىدى؛**
**مەن سۆز قىلغىنىمدا، ئۇلار قۇلاق سالمىدى؛**
**ئەكسىچە نەزىرىمدە يامان بولغاننى قىلدى،**
**مەن ياقتۇرمايدىغاننى تاللىدى».**
5 **«ئى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئالدىدا قورقۇپ تىترەيدىغانلار،**
**ئۇنىڭ دېگىنىنى ئاڭلاڭلار: ــ**
**«سىلەرنى نامىمغا** سادىق بولغانلىقىڭلار **تۈپەيلىدىن چەتكە قاققانلار بولسا،**
**يەنى سىلەردىن نەپرەتلىنىدىغان قېرىنداشلىرىڭلار سىلەرگە: ــ**
**«قېنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئايان قىلىنسۇن،**
**شۇنىڭ بىلەن شادلىقىڭلارنى كۆرەلەيدىغان بولىمىز!» ــ دېدى؛**
**بىراق شەرمەندىلىكتە قالغانلار ئۆزلىرى بولىدۇ.**
6 **ئاڭلاڭلار! ــ شەھەردىن كەلگەن چۇقان-سۈرەنلەر!**
**ئاڭلاڭلار! ــ ئىبادەتخانىدىن چىققان ئاۋازنى!**

---

3:66 **«كالا سويغان كىشى ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ، ... دۇئاسىنى ئەسلىتىشكە خۇشبۇي ياققۇچى مەبۇدقىمۇ مەدھىيە ئوقۇيدۇ؛ بەرھەق، ئۇلار ئۆزى ياقتۇرىدىغان يوللىرىنى تاللىغان، كۆڭلى يىرگىنچلىك نەرسىلىرىدىن خۇرسەن بولىدۇ»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى كىشىلەر كۆرۈنۈشتە خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ؛ ئۇلار كالا-قوزىنى سويۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاشلىق ھەدىيەسى قىلىدۇ، خۇشبۇيىنىمۇ خۇداغا ئاتاپ ياقىدۇ؛ بىراق بۇنداق قىلىشلىرى بىلەن تەڭ ئۇلار قاتىللىق قىلىدۇ، خۇراپىي ئىشلارنى قىلىدۇ (ئىتنىڭ بويىنىنى سۇندۇرۇش)، بۇتلارغا چوقۇنۇپ ھارام قۇربانلىقلارنىمۇ قىلىدۇ

**4:66** پەند. 24:1؛ يەش. 12:65؛ يەر. 13:7

**5:66** يەش. 19:5

ئاشلاشلار! ــ پەرۋەردىگار ئۆز دۈشمەنلىرىگە يامانلىقلىرىنى قايتۇرۇۋاتىدۇ!»

## ئىسرائىلنىڭ يېڭىدىن تۇغۇلۇشى

[7] ــ تولغىقى تۇتمايلا ئۇ بوشىنىدۇ؛
ئاغرىقى تۇتمايلا، ئوغۇل بالا تۇغىدۇ!
[8] كىمنىڭ مۇشۇنداق ئىش توغرۇلۇق خەۋىرى باردۇ؟
كىم مۇشۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ باققان؟
زېمىن بىر خەلقنى بىر كۈن ئىچىدىلا تۇغىدىغان ئىش بارمۇ؟
دەقىقە ئىچىدىلا بىر ئەلنىڭ تۇغۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟
چۈنكى زىئوننىڭ ئەمدىلا تولغىقى تۇتۇشىغا، ئۇ ئوغۇل بالىلىرىنى تۇغدى!
[9] بىرسىنى بوشىنىش ھالىتىگە كەلتۈرگەن بولسام، مەن بالىنى چىقارغۇزماي قالامتىم؟ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
مەن ئۆزۈم تۇغدۇرغۇچى تۇرسام، بالىياتقۇنى ئېتىۋېتەمدىمەن؟ ــ دەيدۇ خۇدايىڭ.
[10] يېرۇسالېم بىلەن بىللە شاد-خۇراملىقتا بولۇڭلار؛
ئۇنى سۆيگۈچىلەر، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىنىڭلار!

---

6:66 **«ئاشلاشلار! ــــ شەھەردىن كەلگەن چۇقان-سۈرەنلەر! ئاشلاشلار! ــــ ئىبادەتخانىدىن چىققان ئاۋازنى! ئاشلاشلار! ــــ پەرۋەردىگار ئۆز دۈشمەنلىرىگە يامانلىقلىرىنى قايتۇرۇۋاتىدۇ!»** ــــ بۇ بېشارەت يەشايانىڭ كېيىنكى دەۋردىكى يېرۇسالېم، جۈملىدىن ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى) ھەم بەلكىم ئاخىرقى زامانلاردىكى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئىشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**7:66** ۋەھ. 12:1-6

8:66 **«كىمنىڭ مۇشۇنداق ئىش توغرۇلۇق خەۋىرى باردۇ؟ ... زېمىن بىر خەلقنى بىر كۈن ئىچىدىلا تۇغىدىغان ئىش بارمۇ؟ دەقىقە ئىچىدىلا بىر ئەلنىڭ تۇغۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟ چۈنكى زىئوننىڭ ئەمدىلا تولغىقى تۇتۇشىغا، ئۇ ئوغۇل بالىلىرىنى تۇغدى!»** ــــ مۇشۇ 7-ھەم 8-ئايەتتە ئېيتىلغان ئىشلار بىراقلا يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن (6-ئايەت) ئاخىرقى زاماندا «زىئون-ئىسرائىل توۋا قىلىپ يېڭىدىن تۇغۇلۇشى» ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ ئالدىدا ھەقىقىي «ئۆز خەلقىم» بولۇشىغا ئاتالاپ ئۆتىدۇ.

**ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇ-ھەسرەت چەككەنلەر،**
**ئۇنىڭ بىللە بىللە شادلىق بىلەن شادلىنىڭلار!**
**11 چۈنكى سىلەر ئۇنىڭ تەسەللى بېرىدىغان ئەمچەكلىرىدىن ئېمىپ قانائەتلىنىسىلەر؛**
**چۈنكى سىلەر قانغۇچە ئىچىپ چىقىسىلەر،**
**ئۇنىڭ شان-شەرىپىنىڭ زورلۇقىدىن كۆڭلۈڭلار خۇرسەن بولىدۇ».**
**12 چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**مەن ئۇنىڭغا تاشقان دەريادەك ئارام-خاتىرجەملىكنى،**
**تېشىپ كەتكەن ئېقىمدەك ئەللەرنىڭ شان-شەرەپلىرىنى سۇنۇپ بېرىمەن؛**
**سىلەر ئېمىسىلەر،**
**سىلەر يانپاشقا ئېلىنىپ كۆتۈرۈلىسىلەر،**
**ئېتەكتە ئەكىلىتىلىسىلەر.**
**13 خۇددى ئانا بالىسىغا تەسەللى بەرگەندەك،**
**مەن شۇنداق سىلەرگە تەسەللى بېرىمەن؛**
**سىلەر يېرۇسالېمدا تەسەللىگە ئىگە بولىسىلەر.**
**14 سىلەر بۇلارنى كۆرگەندە كۆڭلۈڭلار شادلىنىدۇ،**
**سۆڭەكلىرىڭلار يۇمران ئوت-چۆپتەك ياشناپ كېتىدۇ؛**
**شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۆز قۇللىرىغا ئايان قىلىنىدۇ،**
**ئۇ دۈشمەنلىرىگە قەھرىنى كۆرسىتىدۇ.**
**15 چۈنكى غەزىپىنى قەھر بىلەن،**
**تەنبىھىنى ئوت يالقۇنلىرى بىلەن چۈشۈرۈشى ئۈچۈن،**
**مانا، پەرۋەردىگار ئوت بىلەن كېلىدۇ،**
**ئۇ جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن قۇيۇندەك كېلىدۇ.**

---

11:66 **«ئۇنىڭ شان-شەرىپىنىڭ زورلۇقىدىن كۆڭلۈڭلار خۇرسەن بولىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئۇنىڭ شەرەپلىك باغىر-كۆكسىدىن كۆڭلۈڭلار خۇرسەن بولىدۇ».

**12:66** يەش. 22:49؛ 4:60

**15:66** 2تەس. 8-1:7، 8:2

16 چۈنكى ئوت بىلەن ھەم قىلىچ بىلەن پەرۋەردىگار بارلىق ئەت ئىگىلىرىنى سوراق قىلىپ جازالايدۇ؛
پەرۋەردىگار ئۆلتۈرگەنلەر نۇرغۇن بولىدۇ.
17 «باغچىلار»غا كىرىش ئۈچۈن پاكىزلىنىپ،
ئۆزلىرىنى ئايرىم تۇتۇپ،
ئوتتۇرىدا تۇرغۇچىنىڭ كەينىگە كىرگەنلەر،
شۇنداقلا چوشقا گۆشىنى، يىرگىنچلىك بولغاننى، چاشقانلارنى يەيدىغانلار بولسا جىمىسى تەڭ تۈگىشىدۇ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
18 چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى ھەم ئويلىغانلىرى مېنىڭ ئالدىمدىدۇر؛
بىراق بارلىق ئەللەر، ھەممە تىلدا سۆزلەيدىغانلارنىڭ يىغىلىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېلىپ مېنىڭ شان-شەرىپىمنى كۆرىدۇ؛
19 ۋە مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كارامەت بەلگىنى تىكلەيمەن؛
ھەم ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلغانلارنى ئەللەرگە ئەۋەتىمەن؛
نام-شۆھرىتىمنى ئاڭلىمىغان، شان-شەرىپىمنى كۆرۈپ باقمىغان تارشىشقا، لۇبىيەگە، ئوقياچىلىقتا داڭقى چىققان لۇدقا، تۇبال، گرېتسىيەگە ھەم يىراق چەتلەردىكى ئاراللارغا ئۇلارنى ئەۋەتىمەن؛

---

**17:66 ««باغچىلار»غا كىرىش ئۈچۈن پاكىزلىنىپ،...»** ــ بەلكىم بۇتپەرەسلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، مۇشۇ «پاكىزلىنىش» ئىشلىرىنى قىلىدۇ. **«ئوتتۇرىدا تۇرغۇچى»** ــ بەلكىم بۇتپەرەسلىكتە يېتەكچىلىك «پىر» رولىنى ئالغۇچى.
**18:66 «چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى ھەم ئويلىغانلىرى مېنىڭ ئالدىمدىدۇر»** ــ بۇ ئايەتنىڭ بىرىنچى يېرىمىنى تەرجىمە قىلىش تەس. ئالىملار پەقەت ئۇنىڭ مەنىسىنى تەرجىمە قىلغىنىمىزدەك پەرەز قىلىدۇ.

**ئۇلار ئەللەر ئارىسىدا مېنىڭ شان-شەرىپىمنى جاكارلايدۇ.**
20 **شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئاشلىق هەدىيەسىنى پاكىز قاچىلارغا قويۇپ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندەك،**
**شۇلار بولسا، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بېغىشلىغان هەدىيە سۈپىتىدە قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ هەممىسىنى ئەللەردىن ئېلىپ كېلىدۇ؛**
**ئۇلارنى ئاتلارغا، جەڭ هارۋىلىرىغا، سايىۋەنلىك هارۋا-زەمبىلّلەرگە، قېچىرلارغا هەم نار تۆگىلەرگە مىندۈرۈپ مۇقەددەس تېغىمغا، يەنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.**
21 **هەم مەن ئۇلاردىن بەزىلىرىنى كاهىنلار هەم لاۋىيلار بولۇشقا تاللايمەن ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.**
22 **چۈنكى مەن يارىتىدىغان يېڭى ئاسمانلار هەم يېڭى زېمىن ئۆزۈمنىڭ ئالدىدا دائىم تۇرغاندەك،**

---

19:66 **«ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلغانلارنى ئەللەرگە ئەۋەتىمەن»** ــ «ئۇلاردىن» دېگەنلىك: (1) 16-ئايەتتە ئېيتىلغان جازالىرىدىن («ئوت هەم قىلىچ»تىن) ياكى (2) «يات ئەللەر ئارىسىدىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. **«هەم ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلغانلارنى ئەللەرگە ئەۋەتىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «هەم قېچىپ هايات قالغانلاردىن بەزىلىرىنى (يات) ئەللەرگە ئەۋەتىمەن».
**«تارشىش»...«لۇد»... «تۇبال»...** ــ شۈبھىسىزكى، مۇشۇ يۇرتلارنىڭ ئىسىملىرى پۈتۈن دۇنيادىكى يۇرتلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «تارشىش» ئۈچۈن 60-باب، 9-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ؛ «لۇد» بولسا بەلكىم شىمالىي ئافرىقىدا؛ تۇبال بەلكىم هازىردىكى رۇسىيەنى كۆرسىتىدۇ (بەلكىم رۇسىيەنىڭ كونا پايتەختى «توبولسك» بىلەن مۇناسىۋىتى بار).
—نېمىشقا «لۇد» توغرۇلۇق «ئوقياچىلىقتا داڭقى چىققان» دېيىلىدۇ؟ پەرىزىمىزچە، خۇدا ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ خىزمىتىنىڭ خەتەرى بار، دەپ كۆرسەتمەكچى.
20:66 **«شۇلار بولسا، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بېغىشلىغان هەدىيە سۈپىتىدە قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ هەممىسىنى ئەللەردىن ئېلىپ كېلىدۇ»** ــ بىزنىڭچە «شۇلار» خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى قوبۇل قىلغان «يات ئەللەر»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار خۇشال بولۇپ، خۇدانىڭ شاپائىتىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، تارقىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز يۇرتى يېرۇسالېمغا قايتىشىغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك دەپ هەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن سەپەردە ئۇلارغا يۆلەنچۈك بولىدۇ.
21:66 **«كاهىنلار»** ــ «كاهىنلار»نىڭ خەلققە ۋەكىل بولۇپ ئۇلارنىڭ قۇربانلىقلىرىنى ئىبادەتخانىدىكى قۇربانگاھ ئۈستىدە كۆيدۈرۈش خىزمىتى بار ئىدى. **«لاۋىيلار»** ــ كاهىنلارنىڭ ياردەمچىلىرى. دېمەك، مۇشۇ «يەھۇدىي ئەمەس»لەر ئىسرائىل ئىچىدە ئىنتايىن ئىمتىيازلىق ئورۇندا ۋە ۋەزىپىدە بولىدۇ.

**سىنىڭ نەسلىڭ ھەم ئىسمىڭ تۇرۇپ ساقلىنىدۇ.**
**23 ھەم شۇنداق بولىدۇكى، يېڭى ئايمۇ يېڭى ئايدا،**
**شابات كۈنىمۇ شابات كۈنىدە،**
**بارلىق ئەت ئىگىلىرى مېنىڭ ئالدىمغا ئىبادەت قىلغىلى كېلىدۇ ــ**
**دەيدۇ پەرۋەردىگار.**
**24 ــ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىرتقا چىقىپ،**
**ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىگە قارايدۇ؛**
**چۈنكى ئۇلارنى يەۋاتقان قۇرتلار ئۆلمەيدۇ؛**
**ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئوت ئۆچمەيدۇ؛**
**ئۇلار بارلىق ئەت ئىگىلىرىگە يىرگىنچلىك بىلىنىدۇ.**

---

**22:66 «يېڭى ئاسمانلار ھەم يېڭى زېمىن»** ــ بۇ تېما توغرۇلۇق 17:65-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

**22:66** يەش. 17:65؛ 2پېت. 13:3؛ ۋەھ. 1:21

**23:66 «شابات كۈنى»** ــ «دەم ئېلىش مۇقەددەس كۈنى» يەنى شەنبە كۈنى. يۇقىرىقى 56-باب، 2-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«بارلىق ئەت ئىگىلىرى مېنىڭ ئالدىمغا ئىبادەت قىلغىلى كېلىدۇ»** ــ پۈتكۈل ئىنسانىيەت قىلغان مۇشۇ ئىبادەت ئىچىدە، يېرۇسالېمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىبادەت بولسا بەلكىم ۋەكىل بولغانلار ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. جەسەتلەرگە گۇۋاھچى بولغانلار (24-ئايەت) مۇشۇ ۋەكىللەر بولۇشى كېرەك.

# قوشۇمچە سۆز

كىتابتىكى 730 ئىزاھات توغرۇلۇق

«يەشايا» دېگەن كىتابتىكى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، كۆپ تەرەپلىمىلىك بېشارەتلەرگە قارىتا شۇنىڭغا لايىق بىرقەدەر تەپسىلىي «قوشۇمچە سۆز» يېزىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلارنى بىر-بىرلەپ شەرھلەپ، مۇكەممەلرەك «قوشۇمچە سۆز» يازساق، ئۇنىڭ 800 بەتتىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدۇق. شۇڭا ھازىرچە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتۇق. ئۇنىڭ ئورنىغا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى بېشارەتلەردىكى سىرلىق ۋە ئاجايىب تەپسىلاتلىرىغا قارىتىش ئۈچۈن، تېكىستتىكى زۆرۈر دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى ئىمكان بار تەپسىلىيراق ئىزاھلاشقا تىرىشتۇق.

## «يەشايا»دىكى شېئىر شەكلى توغرۇلۇق

«يەشايا» كىتابىدا كۆپ مۇھىم تېما شېئىرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى مىسرادا بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىل شېئىرلار «يېرىم ئاي» شەكىللىك قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ.

تۆۋەندە بۇ «يېرىم ئاي» شەكىللىك شېئىردىن ئىككىنى كۆرسىتىمىز (بىرىنچى مىسال پەقەت بىرنەچچە ئايەتتىن، ئىككىنچى مىسال ئۈچ بابتىن تەركىب تاپقان): -

# 1-مىسال: –
# ئىسرائىل جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى
# (1-باب، 21-26-ئايەت)

(ئا)(1) «سادىق شەھەر»نىڭ زاۋاللىقى (21(ئا))(ئايەت)

(ئە)(1) ئۆتكەن ۋە بۈگۈنكى كۈنلەرنى سېلىشتۇرۇش:

ئادالەتنىڭ ئورنىدا قاتىللىق بار (21(ئە))

(ب)(1) پەزىلەت داشقالغا ئايلىنىپ كەتتى (22)

(پ)(1) چىرىكلىشىپ كەتكەن ھۆكۈمدارلار (23)

(پ)(2) ھەممىگە ھۆكۈمران خۇدا رەزىللىكنى جازالايدۇ (24)

(ب)(2) داشقال تاۋلىنىپ تاشلىنىدۇ (25)

(ئە)(2) ئۆتكەن ۋە بۈگۈنكى كۈنلەرنى ئوخشاش قىلىش:

ئادالەتنىڭ ئادىل سوتچىلار بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلىشى (26(ئا))

(ئا)(2) «سادىق شەھەر»نىڭ يېڭىلىنىشى (26(ئە))

## 2-مىسال: –
## ئىككى شەھەر سېلىشتۇرما قىلىنىدۇ: يېرۇسالېم ۋە بابىل:
## شان-شەرەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن چىداملىق ئېتىقاد كېرەك (24-27-بابلار)

(ئا)(1) خۇدانىڭ ھالاك بولغان دۇنيادىن ئالغان ھوسۇلى (24:1-13)

ھالاكەت (12)

ھوسۇل تەرگەنلىرى (13)

(ئە)(1) دۇنيادىكى «قالدىلار»نىڭ ناخشىسى (24:14-16(ئا))

(ب)(1) گۇناھكار دۇنيا ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلىدۇ (24:16(ئە)-20)

(پ)(1) كۈتىۋاتقان دۇنيا (24:21-23)

(ت)(1) خارابە شەھەر توغرۇلۇق ناخشا (25:1-5)

(ج) زىئون تېغى (25:6-12)

(ت)(2) كۈچلۈك شەھەر توغرۇلۇق ناخشا (26:1-6)

(پ)(2) خۇدانىڭ كۈتۈۋاتقان خەلقى (26:7-21)

(ب)(2) رەزىللىك كۈچلىرى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلىدۇ (27:1)

(ئە)(2) خەلقنىڭ «قالدىسى»نىڭ ناخشىسى (27:2-6)

(ئا)(2) خۇدانىڭ ھالاك بولغان بىر خەلقتىن ئالغان ھوسۇلى (27:7-13)

ھالاكەت (7-11)

ھوسۇل تەرگەنلىرى (12-13)

بەزىدە مۇنداق چوڭ بىر «شەكىل» ياكى «نۇسخا» ئىچىدە يەنە كىچىكرەك شەكىللەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن يۇقىرىقى (ت)(2) ھەم (پ)(2)دە يەنە بىر نۇسخىنىڭ تەركىبلىرى بولىدۇ: –

## 3-مىسال: –
## كۆچلۈك شەھەر – ئۈمىد بىلەن كۈتۈۋاتقان (26-باب)

(ئا)(1) خاتىرجەملىك ئىچىدىكى بىخەتەرلىك؛ دەرۋازىلار ئوچۇق (1-4)

(ئە)(1) توپا-چاڭغا چۈشۈش؛ خار قىلىنىش (5-6)

(ب)(1) خۇدا تۈز-تەكشى قىلغان يول (7-9)

(پ) داۋالغۇسىز قارىغۇلۇق؛ ئاخىرىدا جازالاشنى تونۇپ يېتىش (9-10)

(ب)(2) خۇدا بېكىتكەن خاتىرجەملىك (12-15)

(ئە)(2) توپا-چاڭدىن چىقىش؛ تىرىلىش (16-19)

(ئا)(2) غەزەپتىن ئامان بولۇش؛ ئىشىكلەر تاقاقلىق (20-21)

«يەشايا»دا باشقا خىل شېئىر شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ شەكىللەرگە دىققەت قىلمايدۇ، بىراق شۇ شەكىللەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى سېزىدۇ. بەلكىم كۆپ ئوقۇش بىلەن ئۇلارغا تونۇش بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ھەتتا بىر ئايەتتىن تۈزۈلگەن شېئىرلاردىمۇ «يېرىم ئاي» شەكىللىك ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا ناھايىتى نەچچە بابتىن تۈزۈلگەن چوڭ «يېرىم ئاي» شەكىللىك شېئىرلار بار؛ بۇ شېئىرلاردىمۇ مۇھىم تېما شۇ ئايەتلەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. بۇنداق چوڭ «يېرىم ئاي» شېكىللىك شېئىرلار تولىمۇ پاساھەتلىك بولىدۇ. سەۋەبى، ئۇلار «پەرۋەردىگارنىڭ گۈزەللىك-جۇلالىقىنى ئايان قىلىدىغان» «پەرۋەردىگارنىڭ قولى»نى مەركەز قىلغان بولۇشى مۇمكىن (3:49).

يەنە «سېلىشتۇرما» شەكلدە يېزىلغانلىرىمۇ بار. بۇ خىل شەكلدە يېزىلغانلىرىدا «ئىككى قۇتقۇزۇش» ناھايىتى ئېنىق سېلىشتۇرۇلغان ھالدا كۆرۈلىدۇ. «بىرىنچى قۇتقۇزۇش» بولسا جىسمانىي قۇتقۇزۇش، يەنى ئىسرائىل بابىل ئىمپېرىيەسىدىكى سۈرگۈنلۈكتىن قۇتقۇزۇلىدۇ. يەشايا مۇشۇ قۇتقۇزۇلۇشنىڭ پارس ئىمپېرىيەسىدىكى بىر پادىشاھ ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىدۇ؛ ئۇ ھەتتا مۇشۇ پادىشاھنىڭ ئىسمىنى تۇغۇلۇشتىن 150 يىل ئىلگىرى ئېيتىدۇ – ئۇ بولسىمۇ «قورەش». بۇ

بېشارەتنىڭ داۋامىدا ئېنىق بىر پاكىت كۆرۈنىدۇ. «جىسمانىي قۇتقۇزۇش» ئىنساننىڭ ئاساسىي مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ. خۇدا ئىسرائىلنى بابىلدىن قۇتقۇزغىنى بىلەن ئۇلار بەربىر گۇناھنىڭ ئىلكىدە قېلىۋېرىدۇ. بىر مەملىكەت، بىر ئەل مۇستەقىل ئاتالغىنى بىلەن، شەخسىيەتچىلىك ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بەربىر ئەسلىدىكىدەك بىچارە بولىدۇ. شۇڭا ئادەملەرگە گۇناھتىن ھەم ئۆز-ئۆزىدىن «تېخىمۇ زور قۇتقۇزۇلۇش» كېرەك. شۇنداقلا يەشايا پەيغەمبەر «بابىلدىن قۇتقۇزۇش»نى ئالدىنئالا ئېيتقاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا ئىككىنچى «تېخىمۇ زور قۇتقۇزۇش» توغرۇلۇق ئېيتىدۇ، ھەم مۇشۇ نىجات پەقەت ئىسرائىل ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيا ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ «پارس ئىمپېرىيەسىدىكى بىر پادىشاھ» ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» ئارقىلىق بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ خىل سېلىشتۇرما شۇبھىسىزكى، بىزگە پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىنىڭ قىلغان ئىش-خىزمىتىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈنلۈكى ھەم ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان

4-مىسال: —

48-بابنىڭ ئالاھىدە شەكلى

| 1-قىسمى | 2-قىسمى |
|---|---|
| خۇدانىڭ ئۆتمۈشتىكى سەۋر-تاقىتى (1-11) | خۇدانىڭ كەلگۈسىدىكى سەۋر-تاقىتى (12-22) |
| «ئىلگىرىكى ئىشلار» (3-6ئە) | قورەش پىلانىنى جەزمەنلەشتۈرۈش (12-15) |
| «يېڭى ئىشلار» (6ب-7) | پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى (16) |
| پەرۋەردىگارنىڭ قىلغانلىرى (8-11) | پەرۋەردىگارنىڭ مەقسەتلىرى (17-22) |

بىرىنچى (جىسمانىي) قۇتقۇزۇلۇش ئىككىنچى (ئۇلۇغ، روھىي) قۇتقۇزۇلۇش

| پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىنىڭ خىزمىتى | قورەشنىڭ خىزمىتى |
|---|---|
| (12:53-1:49) | (22:48 - 24:44) |
| ۋەزىپە تەسۋىرلەندى<br>ئادا قىلغۇچىنىڭ نامى<br>ئايان قىلىندى<br>(6:49 - 1:49) | ۋەزىپە تەسۋىرلەندى<br>ئادا قىلغۇچىنىڭ نامى<br>ئايان قىلىندى<br>(28:44 - 24:44) |
| ۋەزىپە تەستىقلاندى<br>ئىسرائىل ئۈچۈن، دۇنيا ئۈچۈن<br>(12:49 - 7:49) | ۋەزىپە تەستىقلاندى<br>ئىسرائىل ئۈچۈن، دۇنيا ئۈچۈن<br>(7:45 - 1:45) |
| ئىنكاس: مەدھىيە<br>(13:48) | ئىنكاس: دۇئا<br>(8:45) |
| ئىسرائىلنىڭ نائۈمىدلىكى<br>(11:50-14:49)<br>پەرۋەردىگارنىڭ مۇھەببىتى تەكىتلەندى<br>(16-14:49)<br>ئىسرائىل ھەم يەھۇدىي ئەمەسلەر<br>(26-17:49)<br>پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى، پەرۋەردىگارغا<br>تايىنىپ كۈچگە ئىگە بولغانلارنىڭ<br>نەمۇنىسى<br>(11-1:50) | ئىسرائىلنىڭ بىئاراملىقى<br>(25:45-9:45)<br>پەرۋەردىگارنىڭ مەقسىتى تەكىتلەندى<br>(13-9:45)<br>ئىسرائىل ھەم يەھۇدىي ئەمەسلەر<br>(22-14:45)<br>پەرۋەردىگارغا تايىنىپ ھەققانىيلىق<br>ھەم كۈچكە ئىگە بولغانلار؛<br>ۋە پەرۋەردىگارغا قارشى تۇرغانلار<br>(25-23:45) |
| پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلغا<br>باشتىن باشلاپ كېلىدىغان<br>نىجاتقا ئېرىشكۈچە بولغان<br>غەمخورلۇقى<br>(16-1:51) | پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلغا<br>باشتىن باشلاپ كېلىدىغان<br>نىجاتقا ئېرىشكۈچە بولغان<br>غەمخورلۇقى<br>(13-1:46) |
| ئىسرائىل؛ توپا-چاڭدىن چىقىپ<br>تەختكە ئولتۇرۇشى<br>(12:52 - 17:51) | بابىل؛ تەختتىن چۈشۈپ<br>توپا-چاڭغا يېتىشى<br>(15-1:47) |
| گۇناھتىن قۇتۇلۇش<br>(12:53 - 13:52) | بابىلدىن قۇتۇلۇش<br>(1:48-22) |

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە كەڭ دائىرىلىك «سىلىشتۇرما» شەكىل بولۇپ، بۇنىڭدا «يەشايا» كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» توغرۇلۇق تۆت ئايرىم شېئىر (بەزىدە «تۆت ناخشا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھەم ئۈچىنچى قىسمىدىكى «مەسىھ قىلىنغان غەلىبە قىلغۇچى» توغرۇلۇق تۆت ئايرىم شېئىر سېلىشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل سېلىشتۇرۇلما شەكىل «پەرۋەردىگارنىڭ گۈزەللىك-جۇلالىقى»نىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» ۋە «مەسىھ قىلىنغان غەلىبە قىلغۇچى»نىڭ ئۈستىگە ئوخشاشلا مۇھۇرلەنگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئەينى بىر شەخس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

5-مىسال: –

## (1) پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى ـ «تۆت ناخشا»

(4-1:42)　　(6-1:49)　　(9-4:50)　　(12:53-13:52)

تەرجىمىهالى　　ئۆزى ئېيتقان　　ئۆزى ئېيتقان　　جىمىهالى

تەرجىمىهالى　　تەرجىمىهالى

قۇلنىڭ　　قۇلنىڭ　　قۇلنىڭ　　قۇلنىڭ

ۋەزىپىسى　　ۋەزىپىسى　　چىڭ　　ۋەزىپىسىنى

ئىرادىسى　　ئادا قىلىشى

ئۇنىڭدا　　ئۇنىڭدا　　ئۇنىڭدا

خۇدانىڭ　　خۇدانىڭ　　خۇدانىڭ

روھى ھەم سۆزى　　سۆزى　　سۆزى

ئوڭۇشسىزلىقلا　　زۇلۇم-قىيناقلا　　زۇلۇم-قىيناقلا

ئۇچرايدۇ　　ئۇچرايدۇئۇچرايدۇ

خاتىمە　　خاتىمە　　خاتىمە　　خاتىمە

(9-5:42)　　(13-7:49)　　(11-10:50)　　(54-55 ـباب)

## (2) «مەسىھ قىلىنغان غەلىبە قىلغۇچى»

(21:59)　　(3-1:61)　　(7:62 - 10:61)　　(6-1:63)

تەرجىمىهالى　　ئۆزى ئېيتقان　　ئۆزى ئېيتقان　　ئۆزى ئېيتقان

تەرجىمىهالى　　تەرجىمىهالى　　تەرجىمىهالى

غەلىبىچىنىڭ　　غەلىبىچىنىڭ　　غەلىبىچىنىڭ　　غەلىبىچىنىڭ

ۋەزىپىسى　　ۋەزىپىسى　　چىڭ　　ۋەزىپىسىنى

ئىرادىسى　　ئادا قىلىشى

ئۇنىڭدا　　ئۇنىڭدا　　ئۇنىڭدا

خۇدانىڭ روھى　　خۇدانىڭ روھى　　خۇدانىڭ

ھەم سۆزى　　ھەم سۆزى　　سۆزى

قىساس　　قىساس　　قىساس

ھەم نىجاتنى　　ھەم نىجاتنى　　ھەم نىجاتنى

ئىجرا قىلىدۇ　　ئىجرا قىلىدۇ　　ئىجرا قىلىدۇ

خاتىمە　　خاتىمە　　خاتىمە　　خاتىمە

(22-1:60)　　(9-4:61)　　(12-8:62)　　(24:66 - 7:63)

«يەشايا»دا مەسىھ مەركەز قىلىنغان بېشارەتلەر ئاجايىب شېئىرىي شەكىللەر بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، بىزگە مەسىھنىڭ خۇداغا نىسبەتەن چەكسىز ئەزىزلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ خۇدانىڭ بارلىق مۆمىن بەندىلىرىگە نىسبەتەنمۇ شۇنچە ئەزىز بولۇشى كېرەكلىكىنى ئايان قىلىدۇ.

تەۋرات 24-قىسىم

# «يەرەمىيا»

## (يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### كىتابنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتى بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 626-يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 585-يىلىغىچە جەمئىي 42 يىل داۋام قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋراتتىكى «يەرەمىيا» دېگەن قىسىمنىڭ ئەڭ ئۇزۇن بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. جەزملەشتۈرىمىزكى، مەزكۇر كىتاب مۇشۇ 42 يىل ئىچىدە ئۇ بەرگەن بېشارەت ۋە تەلىملەرنىڭ بىر يەكۈنىدىن ئىبارەتتۇر. ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا ئەڭ قاراڭغۇلۇق مەزگىللەرنىڭ بىرىدە، خۇدانىڭ سۆزى مۇشۇ بېشارەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەن. يەرەمىيانىڭ كىتابىنىڭ ئۆزگە زاماندىكى بولغان ئەزاكىيال پەيغەمبەرنىڭ كىتابى بىلەن شۇنداق ئورتاق يېرى باركى، ئۇ ئىنسانىنىڭ گۇناھقا پاتقان ھەقىقىي ھالىتىنى ئۇزۇل-كېسىل ئاشكارىلاپ ھەم تەھلىل قىلىپ، ئۇنى كۆز ئالدىمىزغا ئەينى ھالدا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ كۆپ ھاللاردا «ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ياقىدىغان» ئەسەر بولماي قالىدۇ. لېكىن ھايات توغرۇلۇق تۆۋەندىكىدەك كەسكىن، جىددىي سوئاللىرى بولغان ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنىڭدىن ئەمەلىي جاۋابلار تاپقىلى بولىدۇ. «نېمىشقا ھالىتىم مۇنداق چاتاق؟»، «مەن نېمىشقا ۋەدەمدە تۇرماي ئۆزگىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويىمەن؟»، «نېمىشقا ئەخلاقتا ھەردائىم مەغلۇبىيەتتە ئاخىرلىشىمەن؟»، «نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ خۇداغا زادى ياقمايدىغانلىقىمنى

چوڭقۇر ھېس قىلىمەن؟»، ھەتتا «دىنىي مۇراسىملارغا ئۆزۈمنى كۆپ بېغىشلىغىنىم بىلەن نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ خۇداغا زادى ياقمايدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلىمەن؟»، «نېمىشقا بىزنىڭ ئېلىمىزنىڭ ھالىتى شۇنداق چاتاق؟» دېگەندەك سوئاللار ئوقۇرمەندە بارمۇ؟ ئەمدى مەزكۇر كىتابتا سىز ئۈچۈن جاۋابلار بار. بىرىنچىدىن، ئۇ ھەربىرىمىزگە «سادىق ئەينەك» بولۇپ، ھەربىرىمىزگە ئىچىمىزدىكى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان گۇناھ مەنبىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ گۇناھ مەنبەلىرىدىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يول پەقەت «يەھۇدىي خەلقى» ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈندۇر. ئۇ بولسىمۇ، نىجاتلىقتۇر! بۇ ئىشلار ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز («قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ۋە يېڭى ئەھدە»).

## تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش

يەرەمىيا دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن، يەھۇدا ئەڭ دەھشەتلىك پادىشاھلىرىنىڭ بىرى بولغان ماناسسەھنىڭ 50 يىللىق ھۆكۈمى ئاستىدا بولغانىدى. «شىمالىي پادىشاھلىق» بولغان ئىسرائىلدىكى «ئون قەبىلە» ئاسۇرىيە تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 722-يىلى سۈرگۈن قىلىنغان. يەھۇدا پادىشاھى ماناسسەھ بولسا ئۆز پادىشاھلىقىنى قوغداش ئۈچۈن خۇدانى ئىزدەپ ئۇنى باشپاناھ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن يول سوراشنىڭ ئورنىغا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك يات ئەللەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئىنتىلگەنىدى. ئۇ بۇ يات ئەللەرگە بولغان «سادىقلىق»ى ۋە «سەمىمىيلىك»ىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ۋە بۇتپەرەسلىك ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا ئاتاپ بۇتخانىلارنى سالغۇزغان؛ بۇ بۇتپەرەسلىك ھەتتا «ئىنسان قۇربانلىقى»نى، بالىلارنى قۇربانلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەشايا پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: ــ بۇنداق ئىشلارنى داۋاملاشتۇرساڭ خۇدا پۈتكۈل يەھۇدانى ۋەتىنىدىن مەھرۇم قىلىپ بابىلغا سۈرگۈن قىلىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرغان. لېكىن ماناسسەھ ھېچ قۇلاق سالمىغان؛ ئۇ بەلكىم ھەتتا يەشايا پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

كۆپ ئادەملەر: «مەن ھازىر گۇناھ قىلىۋېرىمەن، ئاندىن قېرىغاندا توۋا قىلىمەن» دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ياشانغاندا ئاندىن توۋا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئادەمنى ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، رەزىل پادىشاھ ماناسسەھ

مەلۇم دەرىجىدە تونۇپ قىلىنغان. بىراق خەلقىگە نىسبەتەن بۇتپەرەسلىكتىن كۆپ زىيان بولغان؛ ئۇلارغا بۇتپەرەسلىك، شۇنىڭدەك ھەرخىل رەزىللىك سىڭىپ كەتكەنىدى. لېكىن ماناسسەھنىڭ ئوغلى يوسىيا سەككىز ياشقا كىرگەندە تەختكە ئولتۇرغان بولسىمۇ، پەقەت ئون نەچچە ياشقا چىققاندىلا بۇنداق ئىشلارنى تۈزىتىش ئىستىكى كۈچلۈك بولغانىدى. تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە» ھەم «پادىشاھلار» دېگەن قىسىملاردا بۇ ئىشلار خاتىرىلەنگەن: —

«سەلتەنىتىنىڭ سەككىزىنچى يىلى، ئۇ تېخى گۆدەك چېغىدىلا، ئاتىسى داۋۇتنىڭ خۇداسىنى ئىزلەشكە باشلىدى؛ سەلتەنىتىنىڭ ئون ئىككىنچى يىلىغا كەلگەندە يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمدىكى «يۇقىرى جايلار»، ئاشەراھ مەبۇدلىرى، ئويما بۇتلار ۋە قۇيما بۇتلارنى يوقىتىپ، زېمىننى پاكىزلاشقا كىرىشتى. خەلق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا «بائاللار»نىڭ قۇربانگاھلىرىنى چېقىپ تاشلىدى؛ ئۇ قۇربانگاھلارنىڭ ئۈستىگە ئېگىز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان خۇشبۇيگاھلارنى كېسىپ تاشلىدى؛ ئۇ يەنە ئاشەراھ مەبۇدلىرى، ئويما-قۇيما بۇتلارنى چېقىپ، ئۇنىڭ توپىسىنى بۇ مەبۇدلارغا قۇربانلىق سۇنغانلارنىڭ قەبرىلىرىگە چېچىۋەتتى. بۇت كاھىنلىرىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى قۇربانگاھلىرىنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرۈۋەتتى؛ شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنى پاكىزلىدى. ئۇ ماناسسەھ، ئەفرائىم، شىمېئون ھەتتا نافتالىغىچە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ۋە ئەتراپىدىكى خارابىلەردە شۇنداق قىلدى؛ ئۇ قۇربانگاھلارنى چېقىپ، ئاشەراھ مەبۇدلىرى ۋە ئويما بۇتلارنى كوكۇم-تالقان قىلىۋەتتى، پۈتۈن ئىسرائىلدىكى خۇشبۇيگاھلارنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاپ، يېرۇسالېمغا قايتتى» («2تار.» 3:34-7).

«... ئۇ يەھۇدا شەھەرلىرىدىن بارلىق كاھىنلارنى چاقىرتىپ، ئۆزىگە يىغدى. ئاندىن ئۇ گەبادىن تارتىپ بەئەر-شېباغىچە كاھىنلار خۇشبۇي ياقىدىغان «يۇقىرى جايلار»نى بۇزۇپ بۇلغىۋەتتى؛ ئۇ «دەرۋازىلاردىكى يۇقىرى جايلار»نى چېقىپ بۇزدى؛ بۇلار «شەھەر باشلىقى يەشۇئانىڭ

قۇۋىقى»نىڭ يېنىدا، يەنى شەھەر قۇۋۇقىغا كىرىش يولىنىڭ سول تەرىپىدە ئىدى (ئەمدى «يۇقىرى جايلار»دىكى كاھىنلارنىڭ يېرۇسالېمدا پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانگاھىغا چىقىشى چەكلەنگەنىدى؛ لېكىن ئۇلار داۋاملىق ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرگە پېتىر نانلاردىن يېيىشكە مۇيەسسەر ئىدى)».

(«2پاد.» 23:8-9)

بۇ ئىسلاھات مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 672-يىلى باشلانغانىدى. بىر يىلدىن كېيىن خۇدا يەرەمىيانى پەقەت ئىسرائىلغىلا ئەمەس، بەلكى يات ئەللەرگىمۇ پەيغەمبەر بولۇشقا چاقىرغان. ئۇ يېرۇسالېمنىڭ شىمالىغا سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاناتوت دېگەن يېزىدىكى بىر كاھىن ئائىلىسىدىن بولۇپ، شۇ چاغدا بەلكىم ئون ئالتە ياشتىن ئاشمىغانىدى. شۈبھىسىزكى، يەرەمىيا يوسىيا پادىشاھنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىدا ئۇنى قوللايدىغان كۈچلۈك بىر ئاۋاز ئىدى.

بەش يىلدىن كېيىن، مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى پاكلاندۇرۇش جەريانىدا، مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان «قانۇن-دەستۇرلار»دىن كۆچۈرۈلگەن بىر «ئورام يازما» تېپىلدى. تېپىلغان يازما بەلكىم «قانۇن شەرھى» دېگەن قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بۇ قىسمىدا، خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەپسىلىي ئېلان قىلىنىشى خاتىرىلەنگەنىدى. بۇ قانۇن-دەستۇر قىسمىنىڭ تېپىلىشى يوسىيانىڭ ئىسلاھاتىنى ئالغا سۈرۈشكە تېخىمۇ ئىلھام بولدى.

يەرەمىيانىڭ بىزگە (1:11-8دە) ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ ۋەقەدىن بىر يىل كېيىن ئەھدىنى جاكارلاش ھەم ئۇنى شەرھ قىلىش ئۈچۈن يول ئالغان. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئەھدىنى جاكارلىغىنىدا ئۆز بېشارەتلىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ ئايان قىلغان.

ئەھدە ئىچىدە مۇنداق سۆزلەر بار («قانۇن شەھرى» 12:13-14): —

«سەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭنى ئۆزۈڭ كەلگەن جايلاردا قىلماسلىق ئۈچۈن ئېھتىيات قىلغىن؛ پەقەت پەرۋەردىگار ھەممە قەبىلىلىرىڭنىڭ زېمىنلىرى ئارىسىدىن تاللىغان جايدا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭنى قىل ۋە شۇ جايدا مېنىڭ ساڭا بارلىق تاپىلىغىنىمغا ئەمەل قىل».

بۇ سۆزلەر بويىچە يوسىيا پادىشاھ يېرۇسالېم (خۇدا «تاللىغان جاي»)دىن باشقا «يۇقىرى جايلار»دا قىلىدىغان قۇربانلىق مۇراسىملارنى بىكار قىلىۋەتكەندى.

شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا ئەھدىنى جاكارلىغاندا، ئۆز يۇرتى ئاناتوتتا ھەممىدىن قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان. ئاناتوت بولسا «كاھىنلىق يۇرت» ئىدى؛ ئېسىمىزدە باركى، يەرەمىيا ئۆزى كاھىن ئىدى. يوسىيا ئىسلاھات قىلغىنىدا يەرەمىيانىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن كۆپ ئادەملەر بەلكىم كاھىنلىقتىن قالدۇرۇلغان ياكى تۆۋەنرەك ئورۇنلارغا چۈشۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنى «بائال»دىكى بۇتپەرەسلىككە ئاتىغانلار بولسا ئۇلاردىن بەلكىم ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانلارمۇ بولغانىدى. ئاناتوتتا باشقا يەرلەرگە ئوخشاش «يۇقىرى جايلار» بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يوسىيانىڭ شۇ يەرلەردە ئىبادەت مۇراسىملارنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى دەل يەرەمىيانىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە پايدىلىق «يۇقىرى جايلار»دىكى «ئائىلە ئىش-ئوقتى»گە بېرىلگەن خاتىمە بولغانىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىنكاسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش قەستىنى 11:18-23-ئايەتتىن، ۋە قاتتىق چەتكە قېقىلىشىنى 15:17-ئايەتتىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا خوتۇن ئالماسلىق بۇيرۇلغانىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۆمرى دائىملىق خەۋپ-خەتەر ھەم دەرد-ئەلەم ئىچىدە ئۆتەتتى؛ ئۇنىڭ توي قىلماسلىقىنىڭ ئۆزى تۇمەنلىگەن يۇرتداشلىرىغا: «خۇدانىڭ پات ئارىدا چۈشىدىغان جازالىرى تۈپەيلىدىن، سىلەرگىمۇ نورمال ئائىللىك تۇرمۇش مۇمكىن بولمايدۇ» دەيدىغان بىر بېشارەت بولاتتى.

يەرەمىيا ئۆزىنىڭ جاپالىق تەنھا يولىدىن پەرۋەردىگارغا كۆتۈرگەن داد-پەريادلىرى ۋە ھەتتا ئاغرىنىشلىرى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئۇلارنى 11-20-بابلاردا ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۇچرىتىمىز. 15:19-20دە خۇدا بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭغا ئېغىر بىر سۆز قىلىدۇ ۋە بىلىشىمىزچە، ئۇ بۇ سۆزدىن كېيىن ئىككىنچى «مېنىڭ خۇدايىمنىڭ يولىدىن يانغۇم بار» دېگۈچى، ياكى شۇ يولدىن قاقشىغۇچى بولمىغان. ئۇ ھازىر كونا ئەسكەر بولۇپ، يولنى ئاخىرغىچە مېڭىشقا يۈزىنى چاقماق تېشىدەك قىلغان.

يوسىيا پادىشاھ ھايات ۋاقتىدا «چەتكە قېقىلغان» ۋە ئۆلۈم خەتىرى ئاستىدا بولغىنى بىلەن، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە «پادىشاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى ئادەم»مۇ ئىدى. ئەھۋال «سوغۇق ئۇرۇش» دەۋرىدىكىدەك ئىدى؛ لېكىن ئۇ ھەردائىم ھەر

ئەھۋالدا خەلقلەرگە خۇدانىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى (1:25نى كۆرۈڭ؛ بۇ ئايەت يەھوئاكىمنىڭ تۆتىنچى يىلىغىچە بولغان جەرياندىكى يەرەمىيانىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەيدۇ).

15:22-16دە خۇدانىڭ يوسىيانى تەرىپلىگىنىنى كۆرىمىز (خۇدا يوسىيانىڭ ئوغلى يەھوئاھازغا سۆز قىلىدۇ): —

«سەن كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان تاختايلارنى چاپلاپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلەن بەسلەشسەڭ قانداقمۇ پادىشاھ بولۇشقا لايىق بولىسەن؟ سېنىڭ ئاتاڭ (يوسىيا) يەپ-ئىچىشكە تەشەككۇر ئېيتىپ، ئادالەت ۋە دۇرۇس ئىشلارنى يۈرگۈزگەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇ بۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرگەن. ئۇ مۆمىنلەرنىڭ ۋە نامراتلارنىڭ دەۋاسىنى توغرا سورىغان؛ شۇڭا خەلقىنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئىدى. بۇنداق ئىش مېنى تونۇشتىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟» — دەيدۇ پەرۋەردىگار».

شۇبھىسىزكى، خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، شىمالىي زېمىنلاردا بولغان سىياسىي ۋەقەلەر يوسىيا پادىشاھنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا ئىسلاھاتلارنى ئالغا سۈرۈشكە ئەركىنلىك ۋە ۋاقىت يارىتىپ بەردى. يەھۇدانىڭ دۈشمىنى ئاسسۇرىيە شىمالىي تەرەپتە بابىلنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ۋە شەرقىي تەرەپتە مېدىئانىڭ تەھدىتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 612-يىلى بابىللىقلار ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى نىنەۋەنى ئىشغال قىلدى؛ ئاسسۇرىيەنىڭ قوشۇنى غەربكە، ھاران شەھىرىگە يۆرۈش قىلدى. ئۇلار شۇ يەردە يەنە 609-يىلى بابىللىقلار تەرىپىدىن يېڭىلدى.

مىسىر پادىشاھى پىرەۋن «ئاسسۇرىيەنى قۇتقۇزايلى، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئىتتىپاقداش قىلايلى» دەپ ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماقچى بولدى. شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى، ئاسسۇرىيەنىڭ ئىلگىدىكى سۈرىيە ۋە قانائان (پەلەستىن) زېمىنلىرىگە «ئىنئام سوۋغىتى»دە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ يۇرتلار ئەسلىدە ئاسسۇرىيەگە بېقىنغانىدى. يەھۇدا بۇ يۇرتلارنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، يوسىيا بۇنداق ئەھۋالنى خالىماي (خۇدادىن يول سورىمايلا) «مېگىددو جىلغىسى»غا چىقىپ پىرەۋن بىلەن قارشىلاشتى. ئۇنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ ئۆزى ئەجەللىك يارىلاندى. پىرەۋن

ئاسۇرىيەنى قۇتقۇزالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوشۇنى تۆت يىل ئەفرات دەرياسى بويىدا تۇرۇپ سۇرىيە ھەم پەلەستىننى ئۆزىگە بېقىندۇردى. ئۇ يەھۇدانىڭ يېڭى پادىشاھى يەھوئاھازنى ئۈچ ئاي ئولتۇرغان تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئورنىغا مۇستەبىت يەھوئاكىمنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. لېكىن پىرەۋن بولسا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار تەرىپىدىن كارشېمىشتا مەغلۇپ قىلىندى. پۈتكۈل «ئوتتۇرا شەرق» نېبوقادنەسارنىڭ ئالدىدا ئۆز ئۆلجىسىدەك ھالەتتە بولدى.

604-يىلى يەرەمىيا بارلىق بېشارەتلىرىنى بىر ئورام يازمىغا خاتىرىلىتىپ، ئۇنى خەلققە ئوقۇتتى؛ بۇنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولدىكى، پادىشاھ يەھوئاكىم يازمىنى ئوتدانىغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتى (9:36).

ھازىر بۇتپەرەسلىك قايتىدىن ئۈستۈنلۈككە ئۆتتى. نەتىجىدە يەرەمىيا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىخلاسمەن كىشىلەر زىيانكەشلىككە ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىدى. (20:26-23؛ 17:22نى كۆرۈڭ). يەرەمىيا دەررىلىنىپ، زىندانغا تاشلاندى (2:20)؛ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشقا تاس قالدى (10:26 قاتارلىقلار). يەھوئاكىم خۇدانىڭ ئەھدىسىنى بۇزۇشى بىلەن تەڭ، نېبوقادنەسار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنىمۇ بۇزدى. شۇنداق قىلىپ يەھوئاكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 598-يىلى تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ سۈرگۈن بولۇشقا ھۆكۈم چىقىرىلدى ۋە سۈرگۈنلۈككە يولغا چىقىپلا دۇنيادىن كەتتى. ئۇنىڭ ئىزباسارى ئوغلى يەھوئاكىن قايتىدىن يېرۇسالېمنى چىڭ تاقاپ، قارشىلىقنى داۋاملاشتۇردى؛ لېكىن بابىل تەرىپىدىن ئۈچ ئايلىق مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندىن كېيىن تەسلىم بولدى. ئۇمۇ سۈرگۈن بولۇپ، ئىبادەتخانىدىكى قىممەتلىك قاچا-قۇچىلار، يېرۇسالېمدىكى مۆتىۋەرلەر ۋە ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر بىلەن تەڭ بابىلغا ئېلىپ كېتىلدى. بۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 597-يىلى ئىدى.

نېبوقادنەسار بولسا «ئۇ ياخشى قورچاق بولىدۇ» دەپ يەھوئاكىمنىڭ ئاكىسى زەدەكىيانى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا زەدەكىيا ھەممە ئەلگە نىسبەتەن «قورچاق» بولۇپ، پات ئارىدا بابىلغا قارشى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان باشقا ئەللەردىن كېلىدىغان ئەلچىلەر ئۇمىكىنى كۈتۈۋاتقاندى (3:27). ئۇنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرى يەرەمىيا ئۈچۈن ئەڭ قىيىن بولغان ئون يىل بولغان ئىدى.

ئەلچىلەر زەدەكىيانىڭ ئالدىغا يىغىلغاندا، يەرەمىيا نەچچە بويۇنتۇرۇقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ بۇلارنى ئەلچىلەرنىڭ ھەربىرىگە تاپشۇرۇپ،

ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، بابىل پادىشاھىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزدى.

يەرەمىيا يەنە بابىلغا ئاللىقاچان سۈرگۈن قىلىنغانلارغا خەت يېزىپ ئۇلارغا: سۈرگۈنلۈك مەزگىلى 70 يىل بولىدۇ، لېكىن سىلەر ئىختىيارەن نېبوقادنەسارغا تىنچلىقتا بويسۇنساڭلار بۇ سۈرگۈن بولۇش مەزگىلى خۇدانىڭ بەخت-بەرىكىتىنى كۆرگەن يىللار بولىدۇ، دەپ نەسىھەت قىلدى. بۇنداق خەۋەر «مىللەتپەرۋەر»لەرگە ياقمايتتى؛ بۇ خەۋەر بولسا يەنە يېرۇسالېمدا ھەم بابىلدا تۇرغان بىرنەچچە ئاتالمىش «پەيغەمبەرلەر» جاكارلىغان خەۋەرنىڭ ئەكسى ئىدى. مۇنداق خەۋەر يەتكۈزۈش يەرەمىيا ئۈچۈن خەتەرلىك يول ئىدى؛ ئۇ يەنە «سېنى تاقاقىقا سېلىشىمىز كېرەك» دېگەندەك تەھدىتلەرنى ئاڭلىدى (29:24-29). لېكىن پادىشاھ زەدەكىيا نېبوقادنەسارغا ئىچكەن قەسىمىنى بۇزۇپ بابىللىقلارنى قايتىدىن قوزغاپ، ئۇلارنى «سەۋر-تاقەتىمىز قالمىدى، قىساس ئالمىساق بولمايدۇ» دېگۈزدى؛ شۇ شارائىتتا ئۇلار يېرۇسالېمنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىغا كەلگەن چاغدا يەرەمىيا چوقۇم تېخىمۇ دادىل ئۇقتۇرۇشنى ئەزەردە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بابىللىقلارنىڭ كېلىشى، دېدى يەرەمىيا، خۇدادىن چۈشكەن جازا؛ خۇدانىڭ جازاسىنى ئۇلارغا تەسلىم بولۇش يولى بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك، دېدى. ئۇ ھەتتا نېبوقادنەسارنىڭ خۇدانىڭ تەربىيىلىك جازاسىنى ئۆز ئاسىي خەلقى ئۈستىگە بەجا كەلتۈرۈشى بىلەن ئۇنى «خۇدانىڭ قۇلى» (25:9، 6:27) دەپ ئاتىغان. بۇنداق سۆزلەرنى «مىللىي خائىنلىق» دەپ شىكايەت قىلىش ئاسانغا چۈشىدۇ. يەرەمىيا زىندانغا قاماپ قويۇلدى (بۇ ۋاقىتتا شەھەردە قەھەتچىلىك بولغان بولۇپ، زىندانىدىكىلەرگە قانچىلىك ئوزۇق تەمىنلىنىدىغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەر تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ). يەرەمىيا بۇ يەردىن ھەربىي زىندانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاخىردا «پاتقاقلىق ئازگال»غا تاشلىۋېتىلدى. ئۇ چوڭقۇر پاتقاقىقا پېتىپ سوغۇقتىن ۋە ئاچىلىقتىن ئۆلۈشكە ئاز قالدى. ھەقىقىي مىللىيپەرۋەر دەل يەرەمىيا ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىنسانلارنىڭ ئويلاپ چىققان خام خىياللىرىغا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئايان قىلغان ۋەھىيلىرىگە ئاساسلانغان، سالماق، ئېغىر-بېسىقلىقتىن چىققاندى. بەزىلەر: «ئاخىرقى دەقىقىدە كەلگەن قۇتقۇزۇش» توغرۇلۇق چۈشەيدىغان بولىسىمۇ (ۋە خۇدا ھەقىقەتەن بەزى ۋاقىتلاردا «ئاخىرقى دەقىقىدە» قۇتقۇزىدۇ) لېكىن شۇ چاغدا خۇدانىڭ سۆزى «قۇتقۇزۇش» توغرۇلۇق ئەمەس، بەلكى پەقەت

ئادەمنى كىچىك پىچىللىق قىلىش توغرۇلۇق ئىدى. ئۇنىڭ يولى بولسا «كالدىيلەرگە (بابىللىقلارغا) تەسلىم بولۇڭلار» دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن زەدەكىيا پادىشاھ «يۇمىلاق تاۋۇز»نىڭ دەل ئەينى ئىدى ــ بىر قارارغا كېلەلمەيتتى، ھەردائىم پالانچى تەرەپ ياكى پۈكۈنچى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىدىن قورقۇپ يۈرەتتى. ئۇ دائىم، ھەتتا يەرەمىيا زىنداندا ياتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى، لېكىن ئالغان مەسلىھەتنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭ ئىككىلىنىشلىرى ئۆزىگە دەھشەتلىك جازانى ئېلىپ كەلدى (39- ھەم 52-بابنى كۆرۈڭ).

يەرەمىيا مەبلەغ سېلىپ، ئانا يۇرتى ئاناتوتتىكى بىر ئېتىزنى سېتىۋېلىپ خۇدا ئايان قىلغان كېلەچەككە بولغان ئىشەنچىنى كۆرسەتتى (32:6-14، 24-25). يېرۇسالېم ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بابىللىق قاراۋۇل بېگى ئۇنىڭغا ئۆمرىنىڭ قالغان كۈنلىرىدە بابىلدا راھەتلىك شارائىتتا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە پۇرسەت بەرگەندە، ئۇ بەلكى يەھۇدا زېمىنىدا قېلىپ ئەڭ نامرات كىشىلەر بىلەن بىللە قىيىن شارائىتلاردا تۇرۇشنى تاللىشى بىلەن خەلققە بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتىنى كۆرسەتتى. «مىللىپەرۋەر» پادىشاھ ۋە ھۆكۈمران-سەردارلىرى بولسا يۇرتىدىن قانچە يىراق قاچالىسا شۇنچە ياخشى دەپ بەدەر قېچىشقا ئىنتىلدى. پادىشاھنىڭ «ھەرگىز تەسلىم بولمايمىز» دېگەن «مىللىپەرۋەر» سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتى يېرۇسالېمنىڭ: «قايتىدىن ھېچقانداق ئىنسان كۆتۈرمىسۇن» دېيىلگەن مۇتلەق ھالاكىتىدىن ئىبارەت بولدى.

يەرەمىيا بابىللىقلار بېكىتكەن يېڭى ۋالىي گەدالىيانىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، زىيانكەشلىكتىن سەل ئارام تاپتى. گەدالىيانىڭ يەرەمىياغا بولغان ئىللىق مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل ۋە ئادىل كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئەپسۇسكى، ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇمۇ بابىلنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى ئەسلىدە رەت قىلغان ئىشەنمەسلىكنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغۇچى بولۇپ چىقتى. دالادا يۈرگەن بەزى لەشكەر باشلىقلىرى يەھۇدا زېمىنىدا ئامان-تىنچلىقنىڭ يەنە بولغانلىقىدىن خەۋەر ئاڭلاپ پەلەستىنگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئارىسىدا ئىشمائىل ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ شۈبھىسىزكى، ئۆزىنى پادىشاھ قىلىپ «يېڭى پادىشاھلىق»نى قۇرماقچى بولۇپ،

گەدالىيانى ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەھۇدادىكى باشقا «لەشكەر باشلىقلىرى» بولسا ئۇنىڭ پىلانىنى توسىدى. ئۇ قېچىپ كەتتى.

بۇ ئىشلار لەشكەر باشلىقلىرىنى ئېغىر تەڭلىكتە قالدۇردى. بابىللىقلار بېكىتكەن ۋالىي ۋە ئۇنىڭغا ياردەمچى ھەمراھ بولسۇن دەپ قالدۇرۇلغان بەزى بابىللىق مەنسەپدارلار ۋە لەشكەرلەر ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ۋەقەلەر نېبوقادنەسارنىڭ كۆزىگە يەنە بىر ئىسيان بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار بابىللىقلار تېزلا قايتىپ كېلىپ قىساس ئالىدۇ، دەپ ئويلىدى. يەھۇدادا قالغان ھەربىي كۈچلەر ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇڭا ئۇلار مىسىرغا قېچىش قارارىغا كەلدى. ھالبۇكى، «خۇدانىڭ باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى بارمىدۇ، ئۇنىڭدىن سوراپلى» دەپ ئۇلار يەرەمىيادىن، خۇدادىن بېشارەت سوراشنى تەلەپ قىلدى. يەرەمىيا سەۋرلىك بىلەن خۇدادىن سۆز كۈتتى. ئون كۈندىن كېيىن ۋەھىي ئۇنىڭغا كېلىپ: «يەھۇدا زېمىنىدا تۇرۇۋېرىڭلار، بابىل پادىشاھىغا بويسۇنۇڭلار، ۋە مەن ئۇنى سۆزلىرىڭلارغا ئىشەندۈرىمەن» دېيىلدى. بۇ تولىمۇ كۈتۈلمىگەن جاۋاب ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى.

ئۇلار ئاخىرىدا يەرەمىيانىڭ ياردەمچىسى بارۇقنى «سەن يەرەمىيانى بىزگە قارشىلىششقا كۈشكۈرتتۇڭ» دەپ ھەرخىل باھانە بىلەن، خۇدانىڭ سۆزىنى يەنە بىر قېتىم نەزىرىگە ئالمىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق شىكايىتىنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىكلىكى ھەممىگە ئايان بولسا كېرەك، چۈنكى بارۇق ھەم يەرەمىيا ئۇلار بىلەن بىللە يەھۇدا زېمىنىدا تۇرۇۋەرسە ۋە بابىل پادىشاھى بۇ زېمىنغا قايتىپ كەلسە، ئۇلار بىلەن ئوخشاشلا خەتەردە قالاتتى. ئۇلار مىسىرغا كىردى، يەرەمىيا ھەم بارۇقنى ئۇلار بىلەن بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. ۋاقىت تەرتىپى بويىچە كىتابنىڭ ئاخىرىدا، يەرەمىيانىڭ ئۆزىنى مىسىرغا مەجبۇرىي ئېلىپ بارغانلارغا قارشى چىقىپ، ئۇلارنىڭ قايتىدىن باشلىغان بۇتپەرەسلىكىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. يەرەمىيا: ــ سىلەر «يەھۇدا زېمىنىدا قىلغۇەرسەك چوقۇم نېبوقادنەسارنىڭ قولى بىلەن ئۆلىمىز» دېگەنىدىڭلار، شۇڭا سىلەر مىسىردىمۇ نېبوقادنەسارنىڭ قولى بىلەن بەربىر تۈگىشىسىلەر، دەپ ئاگاھلاندۇردۇ. ئۇلار تەتۈرلۈك قىلىپ ئۇنىڭ ئەيىبىگە رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ، «بېشىمىزغا چۈشكەن كۈلپەتنىڭ سەۋەبى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ۋە بىزنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىمىز ئەمەس، بەلكى سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلىش يولۇڭ بولدى»

دەيدۇ. يەرەمىيانىڭ بېشارەتلىرى يېزىلغان خاتىرىسى يەرەمىيانىڭ «ھەقىقەتنى ئىسپاتلايلى؛ كۆرىمىزكى، كىمنىڭ سۆزى ئىناۋەتلىك بولىدۇ، ئۇلارنىڭمۇ ياكى مېنىڭمۇ؟» دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ (28:44). يەرەمىيانىڭ بېشارەتلىرى بارلىق ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

يەرەمىيانىڭ ياردەمچىسى بارۇق كىتابىنىڭ ئاخىرىدا يەرەمىيادا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىزگە كۆرسەتمىگەنلىكى سەل سىرلىق ئىشتۇر. لېكىن يەرەمىيا ئۆزى شۇنداق خالىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىغان بولساق شۇبھىسىزكى، ئۇ بىزگە: «مۇھىمى پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ پەيغەمبەر ئارقىلىق كەلگەن سۆزىدۇر» دېگەن بولاتتى.

يەنە قوشۇپ ئېيتىشىمىز كېرەككى، كىتابتا خاتىرىلەنگەن كۆپ بېشارەتلەر ۋاقىت تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن ئەمەس. ئۇلار بەلكى تېما بويىچە رەتلەپ قويۇلغان. تۆۋەندە كىتاب مەزمۇنى جەدۋىلىدە بېشارەتلەرنىڭ بېرىلگەن ۋاقىتلىرى توغرۇلۇق بىلگىنىمىزنى كۆرسىتىمىز.

تەرجىمىمىزدە بىز ئىبرانىي تىلشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن، بولۇپمۇ ئەنگلىيەلىك ئالىم «دېرېك كىدنېر»نىڭ «يەرەمىيا» دېگەن ئەسىرىدىن كۆپ پايدىلاندۇق

# مەزمۇنى
# باب، بېشارەت-ۋەقەلەر، ۋە ۋاقتى

بىرىنچى قىسىم - بىرىنچى ئورام يازما (يەرەميا 2-1:36)


| باب | بېشارەت-ۋەقە | ۋاقىت (بىلگەنلىرىمىز) |
|---|---|---|
| | | (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى يىللار) |
| 1 | يەرەمىيانىڭ چاقىرىلىشى | 626 |
| 6-2 | يەھۇدا توۋا قىلىشى كېرەك | «-«-626» |
| 9-7 | ئىبادەتخانىدا بېشارەت جاكارلاش | 609 ياكى كېيىن |
| 10 | «ئاسماندىكى ئالامەتلەر» («بېشارەتلەر») مۇھىم ئەمەس | |
| 11 | پۈتكۈل زېمىندا ئەھدىنى جاكارلاش | |
| 12 | يەرەمىيانىڭ داد-پەريادلىرى | 622/621؟؟ |
| 13 | كاناپ ئىچ تامبال | 622/621؟؟ |
| 14 | قەھەتچىلىك | |
| 15 | يېرۇسالېمنىڭ ئاقىۋىتى | |
| | – يەرەمىيانىڭ يەنە داد كۆتۈرۈشى | |
| 16 | يەرەميا توي قىلماسلىقى كېرەك | |
| 17 | گۇناھ ئىنسانىنىڭ ئاساسىي مەسىلىسى | |
| | – شابات كۈنى توغرۇلۇق | |
| 18 | ساپالچىدىن ئالغان ساۋاقلار | 609-دىن كېيىن |
| 19 | ساپال كوزىدىن ئالغان ساۋاقلار | 609-دىن كېيىن |
| 20 | يەرەمىيانىڭ ئۇرۇلۇشى | 609-دىن كېيىن |
| | پاشخۇرغا بولغان بېشارەت | |

ئىككىنچى قىسىم - (كۆپىنچىسى) كېيىنكى بېشارەتلەر

| باب | بېشارەت-ۋەقە | ۋاقىت (بىلگەنلىرىمىز) |
|---|---|---|
| 21 | يېرۇسالېمنىڭ ئاخىرقى قورشۇۋېلىنىشى | 588 |
| 22 | تۆت پادىشاھ توغرۇلۇق بېشارەتلەر | 598 |
| 23 | ساختا پادىچىلار، «ھەققانىي شاخ» | .... |
| 24 | ياخشى ۋە ناچار ئەنجۈرلەر | 597 ياكى كېيىن |
| 25 | 70 يىللىق سۈرگۈنلۈك | 605 |
| 26 | شىلوھ توغرۇلۇق بېشارەت | 609 ياكى كېيىن |
| 27-28 | بابىلنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك | 594 |
| 29 | سۈرگۈن بولغانلارغا يازغان خەت | 597دىن كېيىن |
| 30-31 | «ئۈمىد كىتابى» | .... |
| 32-33 | يەرەمىيانىڭ ئېتىزنى سېتىۋېلىشى | 587/588 |
| 34 | كالدىيلەرنىڭ ۋاقىتلىق كېتىپ تۇرۇشى قۇللارنىڭ ئازاد قىلىنىشى | 588 |
| 35 | رەكابىيلاردىن ئالغان ساۋاق | 601دىن كېيىن |
| 36 | ئورام يازما ۋە ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى | 605-604 |
| 37 | يەرەمىيانىڭ قولغا ئېلىنىپ قاماپ قويۇلۇشى | 588 |
| 38 | پاتقاقلىق ئازگال | 587/588 |
| 39 | شەھەرنىڭ ئۆرۈۋېتىلىشى | 587 |
| 40 | يەرەمىيانىڭ گەدالىيانىڭ يېنىدا تۇرۇشى | 587 |
| 41 | گەدالىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى | 587 |
| 42-43 | مىسىرغا قېچىش | 587دىن كېيىن |
| 44 | قاچقانلارنىڭ بۇتپەرەسلىكنى ئاقلىشى | 585 |
| 45 | باروق ئۈچۈن بىر بېشارەت | 605 |

ئۈچىنچى قىسىم – «يات ئەللەر»گە بولغان بېشارەتلەر

| باب | بېشارەت-ۋەقە | ۋاقىت (بىلگەنلىرىمىز) |
|---|---|---|
| 46 | مىسىر | ..... |
| 47 | فىلىستىيە | ..... |
| 48 | موئاب | ..... |
| 49 | ئاممون، ئېدوم، دەمەشق، كېدار، ئېلام | .... |
| 51-50 | بابىل | ..... |

خاتىمە

| | | |
|---|---|---|
| 52 | تارىخىي خاتىمە | ..... |

## ۋاقىت جەدۋىلى

| يىل | ۋەقە |
|---|---|
| 639/640 | يوسىيا پادىشاھ بولىدۇ |
| 628 | يوسىيا ئىسلاھاتنى باشلايدۇ |
| 627 | يەرەمىيا خىزمىتىنى باشلايدۇ |
| 626 | نابوپولاسسار بابىل ئىمپېرىيەسىنى بەرپا قىلىدۇ |
| 621/622 | «قانۇن-دەستۇر» كىتابى تېپىلىدۇ |
| 612 | ئاسۇرىيەنىڭ پايتەختى نىنەۋە ئۆرۈۋېتىلىدۇ |
| 609 | يوسىيا جەڭدە ئۆلىدۇ |
| | يەھوئاھاز ئۈچ ئاي پادىشاھ بولىدۇ |
| | پىرەۋن يەھوئاكىمنى پادىشاھ قىلىدۇ |
| 605 | نېبوقادنەسار پىرەۋنىنىڭ ئۈستىدىن كارشېمىشتە غەلىبە قىلىدۇ |
| | ئۇ دانىيال ۋە باشقا قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى بابىلغا ئېلىپ كېتىدۇ |

604 يەرەمىيانىڭ يازمىسى يەھوئاكىم ئالدىدا ئوقۇلۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ
601 يەھوئاكىم بابىلغا ئىسيان كۆتۈرىدۇ
598 يەھوئاكىم تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ دۇنيادىن كېتىدۇ
597 تۇنجى چوڭ سۈرگۈن قىلىنىش. يەھوئاكىن، ھۈنەرۋەنلەر،
ئىبادەتخانىدىكى قاچا-قۇچىلار، ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئېلىپ كېتىلىدۇ.
593 زەدەكىيا بابىلغا چاقىرىلىدۇ
589 نېبوقادنەسار يەھۇدا زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ زەدەكىياغا ھۇجۇم قىلىدۇ
«زېمىنىنىڭ ۋەيران قىلىنىشلىرى» باشلىنىدۇ («ئەز.» 2:24)
587 يېرۇسالېمنىڭ غۇلىتىلىشى. ئىككىنچى سۈرگۈن قىلىنىشى
581/582 ئۈچىنچى قېتىملىق بابىلغا سۈرگۈن قىلىنىش
561 يەھوئاكىن زىنداندىن قويۇۋېتىلىدۇ
539 بابىل ئۆرۈۋېتىلىدۇ
536/538 پارسلىق ئىمپېراتور قورەش بابىلدا سۈرگۈن بولغانلارنى
بابىلدىن ئازاد قىلىدۇ
520 مۇكەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلى سېلىنىدۇ

# يەرەمىيا

## خۇدانىڭ يەرەمىيانى چاقىرىشى

1 [1]بىنيامىن قەبىلىسى زېمىنىدىكى ئاناتوت يېزىسىدا تۇرۇۋاتقان
كاھىنلاردىن بولغان ھىلقىيانىڭ ئوغلى يەرەمىيانىڭ سۆزلىرى
تۆۋەندە خاتىرىلىنىدۇ: ــ
[2]يەھۇدا پادىشاھى، ئامونىنىڭ ئوغلى يوسىيانىڭ كۈنلىرىدە، يەنى ئۇ
تەختتە ئولتۇرغان ئون ئۈچىنچى يىلىدا يەرەمىياغا پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى كەلدى؛ [3]يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئوغلى يەھويائاكىمنىڭ
كۈنلىرىدە ھەمدە يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئوغلى زەدەكىيانىڭ
ئون بىرىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى شۇ يىلىنىڭ بەشىنچى ئېيىدا
يېرۇسالېمدىكىلەر سۈرگۈن قىلىنغۇچە ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى يەنە كېلىپ تۇردى.
[4]پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە:
[5]ــ ئاناڭنىڭ قورسىقىدا سېنى ئاپىرىدە قىلىشتىن ئىلگىرىلا مەن
سېنى بىلەتتىم؛ سەن بالىياتقۇدىن چىقىشتىن بۇرۇن سېنى ئۆزۈمگە
ئاتاپ، ئەللەرگە پەيغەمبەر بولۇشقا تىكلىدىم.
[6]مەن بولسام: ــ ئاپلا، پەرۋەردىگارا! مەن گەپ قىلىشنى بىلمەيمەن؛

---

**2:1** 2پاد. 26:21؛ 1:22-23؛ 2تار. 1:34-30
**3:1** 2پاد. 34:23؛ 17:24؛ 8:25؛ 2تار. 4:36، 10-23؛ يەر. 1:52-30
**4:1** **«پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ... كېلىپ ... دېگەندە»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ... كېلىپ ... دېدى» دېيىلىدۇ. بۇ ئىبارە ياكى بۇنداق ئىبارە تەۋرات-زەبۇردا پات-پات كۆرۈنۈپ، ئەمەلىيەتتە «ئۈچتە بىر»دىكى ئىككىنچى شەخسنى كۆرسىتىدۇ («يۇھ.» 1:1-2نى كۆرۈڭ).
**5:1** گال. 15:1

چۈنكى مەن گۆدەك بالدۇرمەن، دېدىم.
7 لېكىن پەرۋەردىگار ماڭا: ــ ئۆزۈڭنى گۆدەك بالا، دېمە؛ چۈنكى مەن
سېنى كىمگە ئەۋەتسەم، سەن شۇلارغا بارىسەن؛ ۋە مەن سېنى نېمە دە
دەپ بۇيرۇسام، سەن شۇنى دەيسەن. 8 ئۇلاردىن قورقما؛ چۈنكى سېنى
قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەن سەن بىلەن بىللىدۇرمەن، ــ دېدى.
9 ۋە پەرۋەردىگار قولىنى سوزۇپ ئاغزىمغا تەگكۈزدى؛ پەرۋەردىگار ماڭا:
مانا، ئۆز سۆزلىرىمنى ئاغزىڭغا قويدۇم؛ 10 قارا، مۇشۇ كۈنى مەن سېنى
يۇلۇش، سۆكۈش، ھالاك قىلىش ۋە ئۆرۈش، قۇرۇش ۋە تىرىپ ئۆستۈرۈش
ئۈچۈن ئەللەر ۋە پادىشاھلىقلار ئۈستىگە تىكلىدىم، ــ دېدى.

## ئىككى ئالامەت كۆرۈنۈش

11 ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: «يەرەمىيا،
نېمىنى كۆرۈۋاتىسەن؟».
مەن: «بادام دەرىخىنىڭ شېخىنى كۆرۈۋاتىمەن» ــ دېدىم.
12 پەرۋەردىگار ماڭا: «كۆرگىنىڭ ياخشى بولدى؛ چۈنكى مەن سۆزۈمنىڭ
ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن سۆزۈمنى كۆزىتىپ تۇرىمەن» ــ دېدى.

13 ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ مۇنداق
دېگەندە: «نېمىنى كۆرۈۋاتىسەن؟».

---

6:1 **«مەن گەپ قىلىشنى بىلمەيمەن؛ چۈنكى مەن گۆدەك بالدۇرمەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «بالا» دېگەن بۇ سۆز 5-16 ياشتىكى بالىنى كۆرسىتىدۇ. كىتابنىڭ باشقا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا بىزنىڭچە خۇدانىڭ سۆزى يەرەمىياغا كەلگەندە ئۇ بەلكىم تەخمىنەن ئون ئالتە ياشقا كىرگەنىدى.

**6:1** مىس. 3؛ 4؛ 11،29:6

**8:1** قان. 6:31، 8؛ يە. 5:1؛ ئەز. 9:3

**9:1** يەش. 6:6، 7؛ يەر. 14:5

**10:1** يەر. 7:18؛ 2كور. 4:10، 5

12:1 **«كۆرگىنىڭ ياخشى بولدى؛ چۈنكى مەن سۆزۈمنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن سۆزۈمنى كۆزىتىپ تۇرىمەن»** ــ بادام دەرىخى باھاردا بىرىنچى بولۇپ چېچەكلەپ، باھارنىڭ كەلگەنلىكىنى جاكارلىغۇچى بولغاچقا ئىبرانىي تىلىدا «كۆزەتچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەن: «پورۇق-پورۇق قايناۋاتقان، ئاغزى شىمال تەرىپىدىن قىيسايغان
بىر قازاننى كۆردۈم» ــ دېدىم.
[14] پەرۋەردىگار ماڭا: ــ كۆلپەت شىمال تەرەپتىن كېلىپ بۇ زېمىندا
تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۈستىگە بۆسۈپ كېلىدۇ ــ دېدى.
[15] ــ چۈنكى مانا، مەن شىمالىي پادىشاھلىقلارنىڭ بارلىق جەمەتلىرىنى
چاقىرىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ ئۇلار كېلىدۇ، پادىشاھلار ھەربىرى
ئۆز تەختىنى يېرۇسالېم قوۋۇقلىرى ئالدىغا سېلىپ، ھەممە
سېپىللارغا ۋە يەھۇدانىڭ بارلىق شەھەرلىرىگە ھۇجۇمغا تەييارلىنى
دۇ؛ [16] شۇنىڭ بىلەن مەن يەھۇدادىكىلەرنىڭ بارلىق رەزىللىكلىرى
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈملىرىنى جاكارلايمەن؛ چۈنكى ئۇلار
مەندىن ۋاز كېچىپ، باشقا ئىلاھلارغا خۇشبۇي يېقىپ، ئۆز قوللىرى
ياسىغانلىرىغا چوقۇندى.
[17] سەن ئەمدى بېلىڭنى باغلاپ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ساڭا
بۇيرۇغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئېيت؛ ئۇلار ئالدىدا ھودۇقۇپ
كەتمىگىن؛ بولمىسا مەن سېنى ئۇلار ئالدىدا ھودۇقتۇرىمەن. [18] قارا، مەن
بۈگۈن سېنى يەھۇدانىڭ پادىشاھلىرىغا، ئەمىرلىرىگە، كاھىنلىرىغا
ھەم پۈتكۈل زېمىن خەلقىگە قارشى تۇرغۇچى مۇستەھكەم شەھەر،
تۆمۈر تۈۋرۈك ۋە مىس سېپىللاردەك تىكلىدىم. [19] ئۇلار ساڭا قارشى
جەڭ قىلىدۇ، لېكىن سېنىڭ ئۈستۈڭدىن غەلىبە قىلالمايدۇ ــ چۈنكى

---

**14:1** يەر. 6:4

**15:1 «پادىشاھلار ھەربىرى ئۆز تەختىنى يېرۇسالېم قوۋۇقلىرى ئالدىغا سېلىپ،..»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پادىشاھلار ھەربىرى ئۆز تەختىنى يېرۇسالېم قوۋۇقلىرىغا سېلىپ...»

**15:1** يەر. 15:5؛ 22:6؛ 22:10؛ 4:52، 5

**18:1 «مەن ... سېنى... مۇستەھكەم شەھەر، تۆمۈر تۈۋرۈك ۋە مىس سېپىللاردەك تىكلىدىم»** ــ ئوقۇرمەنلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلىدۇكى، خۇدانىڭ بۇ سۆزلىرى «ئۆتكەن زاماندا» ئېيتىلغان. بىر قاراشقا، يەرەمىيا پەقەت گۆدەك بىر ياش يىگىتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىمان-ئىشەنچكە نىسبەتەن خۇدانىڭ سۆزى ئاللىقاچان ئىشەنگۈچىلەرگە پاكىت بولغان. ئىمان-ئىشەنچتىكى ئادەم ئىشلارغا خۇدانىڭ كۆزقارىشى بىلەن قارايدۇ.

**18:1** يەر. 27:6؛ 20:15

مەن سېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەن بىلەن بىللىدۇرمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## ئىسرائىلنىڭ پەرۋەردىگارغا بولغان دەسلەپكى مۇھەببىتى

2 [1] ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] بېرىپ يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا مۇنداق جار سالغىن:
ــ «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن سېنىڭ ياش ۋاقتىڭدىكى ۋاپادارلىقىڭنى، يەنى قىزنىڭ ئاشىقىغا بولغان مۇھەببىتىدەك سېنىڭ چۆل-باياۋاندا، يەنى تېرىلمىغان يەرلەردە ماڭا ئەگىشىپ يۈرگەنلىرىڭنى سېنىڭ ئۈچۈن ئەسلەيمەن.
[3] شۇ چاغدا ئىسرائىل خەلقى پەرۋەردىگارغا پاك، ئالاھىدە ئاتالغان، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆز ھوسۇلىنىڭ تۇنجى مېۋىسى دەپ قارالغانىدى؛ ئۇلارنى يەۋالماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار دەپ ھېسابلانغانىدى ھەم ئۇلارنىڭ باشلىرىغا بالايىئاپەت چۈشكەنىدى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## ئاتا-بوۋىلار ئارىسىدا ۋاپاسىزلىقنىڭ پەيدا بولغانلىقى

[4] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئى ياقۇپنىڭ جەمەتى، ئىسرائىل جەمەتىنىڭ بارلىق ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى: ــ
[5] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مەندە زادى قانداق

---

3:2 **«شۇ چاغدا ئىسرائىل خەلقى پەرۋەردىگارغا پاك، ئالاھىدە ئاتالغان»** ــ «...پاك، ئالاھىدە ئاتالغان» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدىكى «پەرۋەردىگارغا «قودەش»» («پەرۋەردىگارغا مۇقەددەسلىك») دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە بەلكىم ئايانكى، «مۇقەددەس»نىڭ ئەسلى مەنىسى دەل «خۇداغا ئالاھىدە ئاتالغان، پاك» دېگەنلىكتۇر.
—مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە «ھوسۇلنىڭ تۇنجى مېۋىسى»نى بولسا خۇداغا ئاتاپ، خۇدانىڭ ۋەكىلى بولغان كاھىنلارغا بېغىشلاش كېرەك ئىدى. خۇدا مۇشۇ يەردە: «ئىسرائىل ئالاھىدە مېنىڭكى ئىدى» دەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ئىسرائىل خۇدانىڭ «ھوسۇلىنىڭ تۇنجى مېۋىسى» بولسا، ئەمدى ئۇلاردىن كېيىن خۇدانىڭ يولىدا ماڭىدىغان باشقا ئەللەردىن بولغانلارمۇ خۇدانىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا «ھوسۇل بولۇپ» خۇدانىڭ ئۆز خەلقى بولۇشقا كېلىدۇ.

ئادالەتسىزلىكلەرنى بايقاپتۇ، ئۇلار مەندىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ؟ ئۇلار
نېمىشقا بىمەنە بۇتلارغا باش ئۇرۇپ، ئۆزلىرى بىمەنە بولۇپ كەتتى؟
[6]ئۇلار ھېچقاچان: «بىزنى مىسىر زېمىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىرىپ،
باياۋاندىن، يەنى چۆل-دەشت ۋە تىك ئازگاللار بىلەن قاپلانغان
جايلاردىن، قۇرغاقچىلىق ۋە ئۆلۈم سايىسى ئوراپ تۇرغان يەرلەردىن،
ئادەمزات ئۆتمەيدىغان ھەمدە ئىنسان تۇرمايدىغان شۇ باياۋاندىن
بىزنى ئۆتكۈزگەن پەرۋەردىگار قېنى؟» دەپ سوراپ قويۇشماپتىغۇ؟
[7]مەن سىلەرنى مېۋىسى ھەم مولچىلىقىدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن
مۇنبەت بىر زېمىنغا ئېلىپ كەلگەنمەن؛ سىلەر كېلىپ زېمىنىمنى
بۇلغىدىڭلار، مېنىڭ مىراسىمنى يىرگىنچلىك بىر نەرسىگە
ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭلار.
[8]كاھىنلار: «پەرۋەردىگار قېنى؟» دەپ ھېچ سوراپ قويمىدى؛ تەۋرات-
قانۇن ئىجراچىلىرى مېنى ھېچ تونۇمىدى؛ خەلق پادىچىلىرى
ماڭا ئاسىيلىق قىلدى؛ پەيغەمبەرلەر بولسا بائالنىڭ نامىدا
بېشارەت بەردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچ پايدىسىز بىمەنە
نەرسىلەرگە ئەگىشىپ كەتتى. [9]شۇڭا سىلەر بىلەن دەۋالاشماقچىمەن،

---

**5:2** مىك. 3:6، 4

**7:2 «مېنىڭ مىراسىم»** ــ بۇ سۆز ئىككى بىسلىق بولۇپ، مەنىسى: (1) خۇدا «بۇلار ئالاھىدە مېنىڭكى» دېگەن قانائان (پەلەستىن) زېمىنىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يەھۇدىي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) «مىراس قىلىپ بەرگىنىمنى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، خۇدا ئىسرائىلغا «سىلەرنىڭ مىراسىڭلار بولسۇن» دەپ تاپشۇرغان زېمىننى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن بۇ سۆز شۇ زېمىننى ۋە شۇنداقلا، بەلكىم، شۇ زېمىندىكى خەلقنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**8:2 «تەۋرات-قانۇن ئىجراچىلىرى»** ــ تەۋراتنى خەلققە ئۆگىتىشكە مەسئۇل بولغان كاھىنلارنى («يەر.» 18:18، «قان.» 10:33) ياكى تەۋراتنى كۆچۈرۈشكە مەسئۇل بولغان لاۋىيلارنى («يەر.» 8:8) كۆرسىتىدۇ. **«خەلق پادىچىلىرى»** ــ (يەنى «باقارمەنلىرى» ياكى «باققۇچىلار») ئىبرانىي تىلىدا «قويچىلار»، «پادىچىلار»، «چۇپانلار» دېيىلىدۇ. ئادەتتە بۇ سۆز چوپان-قويچىلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ يەردە «خەلق باققۇچىلىرى» ئىسرائىلنىڭ يېتەكچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. **«بائالنىڭ نامىدا بېشارەت بەردى»** ــ «بائال» دېگەن پەلەستىندىكىلەرنىڭ يىرگىنچلىك بىر بۇتى ئىدى.

**8:2** رىم. 20:2

بالىلىرىڭلار ھەم بالىلىرىڭلارنىڭ بالىلىرى بىلەن دەۋالىشىمەن، ــ
دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ [10] ــ سىلەر سىپرۇستىكى دېڭىز بويلىرىغا ئۆتۈپ
بېقىڭلار، كېدارغا تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ بېقىڭلار ــ مۇشۇنداق
بىر ئىش زادى بولۇپ باققانمۇ-يوق دەپ كۆرۈپ بېقىڭلار ــ [11] قايسى بىر
ئەل ئۆز ئىلاھلىرىنى (ئۇلار ھېچ ئىلاھ ئەمەس، ئەلۋەتتە) ئۆزگەرتكەنمۇ؟
لېكىن مېنىڭ خەلقىم ئۆزلىرىنىڭ شان-شەرىپى بولغۇچىسىنى بولسا
پايدىسىز-بىمەنە بىر نەرسىگە ئالماشتۇرغان.
[12] بۇنىڭغا ئەجەبلىنىڭلار، ئى ئاسمانلار؛ ھاڭ-تاڭ بولۇڭلار! ساراسىمىگە
چۈشۈڭلار! چۆچۈڭلار! ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، [13] ــ چۈنكى مېنىڭ خەلقىم
ئىككى رەزىل ئىشنى قىلدى؛ ئۇلار ھاياتلىق سۇ مەنبەسى بولغان
مەندىن ۋاز كەچتى؛ ئاندىن ئۆزلىرى ئۈچۈن سۇ ئازگاللىرىنى، يەنى سۇ
تۇرمايدىغان يېرىق سۇ ئازگاللىرىنى يونۇپ چىقتى.

## ئىسرائىل خۇداغا ئەمەس،
## يات ئىلاھلارغا ۋە يات ئەللەرگە تايىندۇ

[14] ئىسرائىل ئەسلى قۇلمىدى؟ ئۇ خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان
قۇلمىدى؟ نېمىشقا ئەمدى ئۇ ئولجىغا ئايلىنىپ قالدى؟ [15] ياش
شىرلار ئۇنى ئولجا قىلىپ ھۆركىرىدى؛ ئۇلار ئاۋازىنى قويۇۋەتتى؛
ئۇلار ئىسرائىل زېمىنىنى ۋەيرانە قىلدى؛ شەھەرلىرى كۆيدۈرۈلدى،
ئادەمزاتسىز قالدى. [16] ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا نوف ۋە تاھپانەس

10:2 **«سىپرۇس»** ــ سىپرۇس ئارىلى (ئىبرانىي تىلىدا «كىتتىم») بولسا پەلەستىنىنىڭ يىراق غەربىدە؛ كېدار بولسا پەلەستىنىنىڭ يىراق شەرقىدە ئىدى ــ دېمەك، شەرقتىن غەربكىچە بولغان يەرلەردىمۇ مۇشۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان.

11:2 زەب. 20:106

12:2 قان. 1:32؛ يەش. 2:1

13:2 كۆي. 15:4؛ يەر. 13:17

15:2 **«ياش شىرلار...ھۆركىرىدى»** ــ شىرلار ئولجىسىنى تۇتقاندىن كېيىن ئاندىن ھۆركىرەيدۇ. مۇشۇ ئايەتتىكى «شىرلار» بەلكىم ئاسۇرىيە، ئاندىن بابىلنى كۆرسىتىدۇ.

15:2 يەش. 29:5؛ يەر. 7:4

شەھىرىدىكىلەرمۇ چوققاڭنى يېرىۋەتتى.
[17] بۇ ئىشلارنى ئۆزۈڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەسمۇ؟ ــ چۈنكى ساڭا
يول باشلاۋاتقىنىدا پەرۋەردىگار خۇدايىڭدىن ۋاز كەچكەنىدىڭ.
[18] ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە يەنە شىھور دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىش
ئۈچۈن مىسىرنىڭ يولىنى باسقىنىڭ نېمىسى؟ ئەفرات دەرياسىنىڭ
سۈيىنى ئىچىش ئۈچۈن ئاسۇرىيەنىڭ يولىنى باسقىنىڭ نېمىسى؟
[19] ئۆز رەزىللىكىڭ ئۆزۈڭگە ساۋاق ئېلىپ كېلىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ
يېنىمدىن چەتنەپ كەتكىنىڭ ئۆزۈڭگە تەنبىھ بولىدۇ؛ ئەمدى سېنىڭ
پەرۋەردىگار خۇدايىڭدىن ۋاز كەچكىنىڭ ۋە مېنىڭ قورقۇنچۇمنىڭ
سەندە بولماسلىقىنىڭ ئىنتايىن رەزىل ھەمدە زەرداپقا تولغان ئىش
ئىكەنلىكىنى بىلىپ قوي، ــ دەيدۇ رەب، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
[20] چۈنكى سەن قەدىمدىنلا مەن ساڭا سالغان بويۇنتۇرۇقنى بۇزۇپ،
ئۇنىڭ رىشتىنى ئۈزۈپ تاشلىۋەتكەنسەن؛ سەن: «قۇللۇقۇڭدا
بولمايمەن!» دېدىڭ. چۈنكى بارلىق دۆڭ-ئېگىزلىكتە ۋە بارلىق
يېشىل دەرەخ ئاستىدا سەن پاھىشە ئايالدەك كېرىلىپ ياتقانسەن.

---

16:2 **«نوف ۋە تاھپانەس شەھىرىدىكىلەرمۇ چوققاڭنى يېرىۋەتتى»** ــ مىسىردىكى شەھەرلەردۇر. يەھۇدا كۆپ قېتىم مىسىردىن ياردەم سورىغانىدى. مىسىر قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىچە ئىسرائىلغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ كەلگەنىدى. نوف كېيىن «مەمفىس» دەپ ئاتالغان. —باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...شەھىرىدىكىلەرمۇ باش چوققاڭنى (رەسۋا قىلىش ئۈچۈن) غىرىدىۋەتتى».

18:2 **«شىھور دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىش ئۈچۈن... ئەفرات دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىش ئۈچۈن....»** ــ «شىھور (مىسىردىكى بىر دەريا ياكى ۋادى)نىڭ سۇلىرىنى ئىچىش» ھەمدە «ئەفرات (ئاسۇرىيەدىكى دەريا)نىڭ... سۇلىرىنى ئىچىش» ئىسرائىل مىسىردىن ۋە ئاسۇرىيەدىن پاناھ ئىزدىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**18:2** يەش. 1:31

**19:2** يەش. 9:3؛ ھوش. 5:5

20:2 **«بارلىق دۆڭ-ئېگىزلىكتە ۋە بارلىق يېشىل دەرەخ ئاستىدا سەن پاھىشە ئايالدەك كېرىلىپ ياتقانسەن»** ــ ئىسرائىل مۇشۇ يەرلەردە (دۆڭ-ئېگىزلىكتە ... يېشىل دەرەخ ئاستىدا...) بۇتپەرەسلىك پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ مۇنداق بۇتپەرەسلىكى خۇداغا ۋاپاسىزلىق بولۇپ

[21] لېكىن مەن بولسام سېنى ئەسلى ئېسىل سورتلۇق ئۈزۈم تېلىدىن،
سەرخىل ئۇرۇقتىن تىككەنىدىم؛ سەن ماڭا نىسبەتەن قانداقمۇ يات
ۋە ياۋا بىر سېسىق ئۈزۈم تېلىغا ئايلىنىپ قالدىڭ؟ [22] چۈنكى سەن
شۇلتا بىلەن يۇيۇنساڭمۇ، كۆپ ئاقارتقۇچ سوپۇن ئىشلەتسەڭمۇ
سېنىڭ قەبىھلىكىڭ مېنىڭ ئالدىمدا تېخى داغ بولۇپ تۇرىدۇ، ــ
دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[23] سەن قانداقمۇ: «مەن ھېچ بۇلغانغان ئەمەسمەن، مەن «بائاللار»غا
ھېچ ئەگەشمىدىم!» دېيەلەيسەن؟ جىلغىدا ماڭغان يولۇڭنى كۆرۈپ
باق، قىلمىشلىرىڭنى ئىقرار قىل ــ سەن ئۆز يوللىرىدا ئۇيان-بۇيان
قاتراپ يۈرىدىغان چاققاق ھىڭگاندۇرسەن! [24] سەن چۆل-باياۋانغا
ئادەتلەنگەن، ھەۋىسى قوزغالغاندا شامالنى پۇراپ يۈرىدىغان بىر
ياۋايى مادا ئېشەكسەن! كىيىلگەندە كىم ئۇنى توسالىسۇن؟ ئۇنى
ئىزدىگەن ھاڭگىلار ئۆزلىرىنى ھېچ ئۇپراتمايدۇ؛ شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنى
ئىزدەپ تاپماق ئاساندۇر. [25] ئى ئىسرائىل، بىكار يۈگۈرۈپ، پۇتۇڭنى
ئاياغسىز، گېلىڭنى ئۇسسۇلۇقسىز قىلىپ قويما! لېكىن سەن
بۇنىڭغا: «ياق! خام خىيال قىلما! چۈنكى مەن بۇ يات ئىلاھلارنى

روھىي جەھەتتە پاھىشىۋازلىق بولۇپلا قالماي، ئۇلار پەلەستىندىكىلەرنىڭ بۇتپەرەسلىكىنى دوراپ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا «ئاتالغان»، بۇتخانىدا تۇرغان پاھىشە ئاياللار بىلەن ياتاتتى.

21:2 **«يات ۋە ياۋا بىر سېسىق ئۈزۈم تېلى»** ــ «يات ۋە ياۋا» ئەسلىي ئىبرانىي تىلىدا بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

**21:2** مىس. 17:15؛ زەب. 2:44؛ 8:80

**22:2** ئايۇپ 30:9

23:2 **«جىلغىدا ماڭغان يولۇڭنى كۆرۈپ باق، قىلمىشلىرىڭنى ئىقرار قىل»** ــ «جىلغىدا ماڭغان يولۇڭ...» بەلكىم كۆپ قىسىم يەھۇدادىكىلەر يېرۇسالېمغا يېقىن بولغان «ھىننوم جىلغىسى»دا ئۆز بالىلىرىنى بۇتلارغا ئاتاپ «ئىنسان قۇربانلىقى» قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسرائىلنى ھىڭگانغا ئوخشىتىشى بەلكىم ئۇنىڭ ھېچقانداق مۇقىم يۆلىنىشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

24:2 **«... ھەۋىسى قوزغالغاندا شامالنى پۇراپ يۈرىدىغان بىر ياۋايى مادا ئېشەكسەن!»** ــ بۇ ئوخشىتىش شۈبھىسىزكى، ئىسرائىلنىڭ بۇتلارغا بولغان بۇزۇق ھەۋەسلىرىنى، ئۇنى بۇتپەرەسلىكتىن توسۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭىمەن!» ــ دېدىڭ.
26 ئوغرى تۇتۇلۇپ قېلىپ خىجالەتكە قالغاندەك، ئىسرائىل جەمەتىمۇ
خىجالەتكە قالىدۇ ــ يەنى ئۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى،
كاھىنلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى ــ 27 ئۇلار ياغاچ كۆتىكىگە: «ئاتام!»
ۋە تاشقا: «سەن مېنى تۇغدۇردۇڭ!» دەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار يۈزىنى ماڭا
قاراتماي، ئەكسىچە ماڭا ئارقىسىنى قىلدى؛ لېكىن كۈلپەت بېشىغا
چۈشكەندە ئۇلار: «ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، بىزنى قۇتقۇزغايسەن!» دەيدۇ.
28 ئەمدى ئۆزۈڭگە ياسىغان ئىلاھلىرىڭ قېنى!؟ كۈلپەت بېشىڭغا
چۈشكەندە سېنى قۇتقۇزالايدىغان بولسا، ئۇلار ئورنىدىن تۇرسۇن! ــ
چۈنكى شەھەرلىرىڭ قانچە كۆپ بولسا بۇتلىرىڭمۇ شۇنچە كۆپتۇر،
ئى يەھۇدا!
29 نېمىشقا سىلەر مەن بىلەن دەۋاغا چۈشمەكچىسىلەر؟ سىلەر
ھەممىڭلار ماڭا ئاسىيلىق قىلغانسىلەر، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
30 باللىرىڭنى بىكاردىن بىكار ئۇرۇپ قويدۇم؛ ئۇلار ھېچ تەربىيىنى
قوبۇل قىلمىدى. ئۆز قىلىچىڭ يىرتقۇچ شىردەك پەيغەمبەرلىرىڭنى
يەۋەتتى.
31 ئى بۇ دەۋر كىشىلىرى! پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە كۆڭۈل قويۇڭلار! مەن
ئىسرائىلغا چۆل-باياۋان ياكى قاپقاراڭغۇلۇق باسقان زېمىن بولۇپ
باققانمۇ؟ مېنىڭ خەلقىم نېمىشقا: «نەگىلا بارساق ئۆز ئەركىمىز؛
ئەمدى يېنىڭغا يەنە كەلمەيمىز!» ــ دەيدۇ؟
32 قىز زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئۇنتۇيالامدۇ؟ توي قىلىدىغان قىز توي

---

25:2 **«پۇتۇڭنى ئاياغسىزلىقتىن... گېلىڭنى ئۇسسۇزلۇقسىز قىلىپ قويما!»** ــ بۇ سۆزلەر بەلكىم ئىككى بىسلىق: ــ (1) بۇتلارنىڭ يولىدا يۈگۈرۈپ مېڭىش بەربىر بىكار ئىشتۇر ــ بۇتلار ئادەملەرگە ياردەمدە بولالمايدۇ؛ (2) ئەگەر ئىسرائىل بۇتپەرەسلىكى بىلەن خۇداغا ۋاپاسىزلىقنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇلار ئاخىر بېرىپ ئاياغسىز، چاڭقاپ سۈرگۈن بولغانلار بولىدۇ. **«ياق! خام خىيال قىلما!»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ياق! ئۈمىد يوق!».

**28:2** يەش. 8:2؛ يەر. 13:11

**30:2** يەش. 5:1؛ يەر. 3:5

**31:2** مات. 39-26:23

كىيىملىرىنى ئۇنتۇيالامدۇ؟ لېكىن ئۆز خەلقىم سان-ساناقسىز
كۈنلىرىدە مېنى ئۇنتۇدى.
[33] سەن ئىشق ئىزدەپ بارىدىغان يوللارغا شۇنچە ماھىر بولۇپ كەتتىڭ!
بەرھەق، ھەتتا ئەڭ بۇزۇق ئاياللارغا يوللىرىڭنى كۆرسەتتىڭ. [34] ئۇنىڭ
ئۈستىگە تونۇڭنىڭ پەشلىرىدە گۇناھسىز نامراتلارنىڭ قېنى
بار! سەن ئۇلارنى تېمىڭنى تېشىپ ئوغرىلىققا كىرگىنى ئۈچۈن
ئۆلتۈردىڭمۇ؟! ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق تۇرسىمۇ، [35] سەن تېخى:
«مەندە گۇناھ يوق؛ رەب مەندىن رەنجىۋەرمەيدۇ!» دەيسەن. بىلىپ
قويغىن! مەن ئۈستۈڭدىن ھۆكۈم چىقىرىمەن، چۈنكى سەن: «مەن گۇناھ
سادىر قىلمىدىم!» ــ دەۋېرىسەن.
[36] سەن نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۇيان-بۇيان قاتراپ ئالا كۆڭۈللۈك قىلىسەن؟
سەن ئاسۇرىيە تەرىپىدىن يەرگە قارىتىلغاندەك مىسىر تەرىپىدىنمۇ
يەرگە قارىتىلىسەن. [37] بەرھەق، سەن مىسىردىن قوللىرىڭنى
بېشىڭغا ئالغان پېتى چىقىسەن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار سەن يۆلەنچۈك
قىلغانلارنى چەتكە قاقتى؛ سەن ئۇلاردىن ھېچ پايدا كۆرمەيسەن.

## ۋاپاسىزلىق ئۈستىگە ۋاپاسىزلىق

3 [1] شۇنداق دېيىلىدۇكى، بىرسى ئايالىنى قويۇۋەتسە، ئايال
ئۇنىڭدىن ئاجراشسا ۋە كېيىن ئۇ باشقا ئەرگە ياتلىق بولغان
بولسا، بىرىنچى ئېرى ئۇنىڭ بىلەن قايتا يارىشىۋالسا بولامدۇ؟

---

32:2 يەر. 21:3
34:2 **«سەن ئۇلارنى تېمىڭنى تېشىپ ئوغرىلىققا كىرگىنى ئۈچۈن ئۆلتۈردىڭمۇ؟!»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئوغرى كەچتە ئۆيگە بۆسۈپ كىرگەن بولسا ئۇ ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈلسە ئۆي ئىگىسى گۇناھسىز ھېسابلىنىدۇ.
36:2 **«سەن نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۇيان-بۇيان قاتراپ ئالا كۆڭۈللۈك قىلىسەن؟»** ــ دېمەك، ئىسرائىل ھەردائىم خۇدانى ئەمەس، بەلكى يات ئەللەرنى ئۆز يۆلەنچۈكى قىلماقچى.
37:2 **«سەن مىسىردىن قوللىرىڭنى بېشىڭغا ئالغان پېتى چىقىسەن»** ــ دېمەك، ئەسىر بولغان پېتى.

بۇنداق ئىش بۇ زېمىننى مۇتلەق بۇلغىمامدۇ؟ لېكىن سەن شۇنچە
كۆپ ئاشنىلىرىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق قىلىپ تۇرۇپ يەنە يېنىمغا قايتاي
دەۋاتامسەن تېخى؟
[2] بېشىڭنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قاراپ باق؛ ــ
سەن زادى نەدە يات ئىلاھلار بىلەن بۇزۇقلۇق ئۆتكۈزمىگەنسەن؟!
سەن چۆل-باياۋاندا كۈتۈپ ئولتۇرغان ئەرەبدەك ئۇلارنى يوللار بويى
كۈتۈپ ئولتۇرغانسەن؛ زېمىننى بۇزۇقلۇقلىرىڭ ۋە رەزىللىكىڭ بىلەن
بۇلغىغانسەن.
[3] شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق يامغۇرلار تۇتۇپ قېلىنىپ ساڭا
بېرىلمىدى ھەمدە «كېيىنكى يامغۇرلار» ياغمىدى. لېكىن سەندە
تېخى پاھىشە ئايالنىڭ قېلىن يۈزى بار، ئىزا تارتىشنى ھېچ بىلگۈڭ
يوقتۇر.
[4] ھەتتا سەن باياتىن ماڭا: «ئى ئاتام، ياشلىقىمدىن باشلاپ
ماڭا يېتەكچى ھەمراھ بولۇپ كەلدىڭ!» ــ دەيسەن، ۋە: ــ

---

1:3 **«...بىرىنچى ئېرى ئۇنىڭ بىلەن قايتا يارىشىۋالسا بولامدۇ؟ بۇنداق ئىش بۇ زېمىننى مۇتلەق بۇلغىمامدۇ؟»** ــ «قان.» 1:24-4-ئايەتلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەگەر پەيغەمبەر مەزكۇر بېشارەتتە بۇ ئىشنى كۆزدە تۇتقان بولسا، ئۇنداقتا بۇ 3-بابنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە قارىغاندا، خۇدا مۇشۇنداق ئىشلارنى (ئاجرىشىش ئاندىن قايتا توي قىلىش) يەھۇدىيلارغا مەنئى قىلغىنى بىلەن، مۇشۇ يەردە خۇدا «مېنىڭ ئايالىم بولغان ئىسرائىل»نىڭ ئۆز يېنىمغا قايتىپ كېلىدىغان يولى بار، دېگەن ئوخشايدۇ (14-22-ئايەتلەردە، ئاخىرقى زامانلاردا پەرۋەردىگار مۇشۇنداق چەكسىز رەھىم-شەپقەتنى ئىسرائىل ھەم يەھۇداغا كۆرسىتىدۇ، دېيىلىدۇ).
**–«لېكىن سەن شۇنچە كۆپ ئاشنىلىرىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق قىلىپ تۇرۇپ يەنە يېنىمغا قايتاي دەۋاتامسەن تېخى؟»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «لېكىن سەن كۆپ ئاشنىلار بىلەن بۇزۇقلۇق قىلغان بولساڭمۇ، يېنىمغا قايتىپ كەل!». خۇدا تۆۋەندىكى 4- ۋە 22-25-ئايەتلەردە ئۇلارنى قايتىشقا چاقىرىشقا مۇشۇنداق رەھىملىك بىلەن ئۈتۈنىدۇ، بىراق 3-بابنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە قارىغاندا، خۇدانىڭ سۆزلىرىنى مۇشۇ يەردە تەرجىمىمىزدىكىدەك «رېتورىك سوئال» دەپ قارايمىز.
**1:3** قان. 1:24-4
2:3 **«بېشىڭنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قاراپ باق»** ــ يەھۇدا ھەردائىم «يۇقىرى جايلار»دا بۇتپەرەسلىك ئۆتكۈزگەندى. **«سەن چۆل-باياۋاندا كۈتۈپ ئولتۇرغان ئەرەبدەك...»** ــ «ئەرەب» مۇشۇ يەردە بەلكىم يول بويىدا ئولتۇرغان پاھىشە ئايالنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ سۆز يولۇچىلارنى بۇلاش ئۈچۈن ماراپ تۇرغان قاراقچىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.
3:3 **«كېيىنكى يامغۇر»** ــ قانائاندا 3- ياكى 4-ئايدا ياغىدۇ، ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنى پىشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ يامغۇرلار بولمىسا ھېچ ھوسۇل بولمايدۇ.

5 «ئۇ ھەردائىم غەزىپىنى ساقلامدۇ؟ ئۇ غەزىپىنى ئاخىرغىچە
تۇتامدۇ؟» ــ دەيسەن. مانا، سەن شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، لېكىن سەن
قولۇڭدىن كېلىشىچە رەزىللىك قىلغانسەن.
6 يوسىيا پادىشاھنىڭ كۈنلىرىدە پەرۋەردىگار ماڭا: «ۋاپاسىز
ئىسرائىلنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ بارلىق ئېگىز
تاغقا چىقىپ ھەم بارلىق يېشىل دەرەخ ئاستىغا كىرىپ شۇ يەرلەردە
پاھىشىدەك بۇزۇقلۇق قىلغان» ــ دېدى.
7 ــ «مەن: ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغاندىن كېيىن، چوقۇم يېنىمغا
قايتىپ كېلىدۇ، ــ دېدىم؛ لېكىن ئۇ قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئاسىي
سىڭلىسى، يەنى يەھۇدا بۇنى كۆردى؛ 8 لېكىن ۋاپاسىز ئىسرائىلنىڭ
بارلىق زىنا قىلغانلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا تالاق خېتىنى بېرىپ
ئۇنى قويۇۋەتكىنىمنى كۆرۈپ، ئاسىي سىڭلىسى يەھۇدا قورقمىدى،
بەلكى ئۆزىمۇ بېرىپ پاھىشىلىك قىلدى. 9 شۇنداق بولدىكى، ئۆز
بۇزۇقچىلىقىنى شۇنچە كىچىك ئىش دەپ قارىغاچقا، ئۇ ھەتتا تاش ۋە
ياغاچ بىلەن زىنا قىلىپ زېمىننى بۇلغىۋەتتى. 10 بۇلارنىڭ ھەممىسىگە
قارىماي ئىسرائىلنىڭ ئاسىي سىڭلىسى يەھۇدا تېخى پۈتۈن كۆڭلى
بىلەن ئەمەس، پەقەت ساختىلىق بىلەن يېنىمغا قايتىپ كەلگەندەك
بولۇۋالدى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
11 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ «ۋاپاسىز ئىسرائىل ئۆزىنى ئاسىي
يەھۇدادىن ھەققانىي كۆرسەتتى. 12 بارغىن، شىمالغا قاراپ بۇ سۆزلەرنى
جاكارلاپ مۇنداق دېگىن: ــ

6:3 **«ۋاپاسىز ئىسرائىلنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟»** ــ مۇشۇ ئايەتتە «ئىسرائىل» شىمالىي پادىشاھلىق، يەنى «ئون قەبىلە»نى كۆرسىتىدۇ. «بۇزۇقلۇق» ئاساسەن بۇتپەرەسلىكنى كۆرسىتىدۇ؛ 20:2دىكى ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ.

6:3 يەر. 20:2

8:3 **«لېكىن ۋاپاسىز ئىسرائىلنىڭ بارلىق زىنا قىلغانلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا تالاق خېتىنى بېرىپ ئۇنى قويۇۋەتكىنىمنى كۆرۈپ،...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ يەردە «لېكىن ۋاپاسىز ئىسرائىلنىڭ بارلىق زىنا قىلغانلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا تالاق خېتىنى بېرىپ ئۇنى قويۇۋەتكىنىمنى مەن كۆردۈم،...» دېيىلىدۇ.

«قايتىپ كەل، ئى يولدىن چىققۇچى ئىسرائىل، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار
ــ ۋە مەن ساڭا قاپىقىمنى قايتا تۈرمەيمەن؛ چۈنكى مەن رەھىمدىل،
ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار ــ مەن غەزىپىمنى مەڭگۈگە ساقلاپ تۇرمايمەن.
[13] پەقەت سېنىڭ قەبىھلىكىڭنى، ــ پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئاسىيلىق
قىلغانلىقىڭنى، ئۇيان-بۇيان قاتراپ يۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھەربىر يېشىل
دەرەخ ئاستىدا يات ئىلاھلارغا بېغىشلىغانلىقىڭنى، شۇنىڭدەك
ئاۋازىمغا ھېچ قۇلاق سالمىغانلىقىڭنى ئىقرار قىلساڭلا مەندىن
رەھىم-شەپقەت كۆرىسەن ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[14] قايتىپ كېلىڭلار، ئى يولدىن چىققۇچى بالىلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار
ــ چۈنكى مەن سىلەرنى ھەقىقىي سۆيگۈچىدۇرمەن؛ سىلەر شۇنداق
قىلساڭلارلا مەن سىلەردىن تاللىغانلارنى، يەنى ھەرقايسى شەھەردىن
بىردىن، ھەرقايسى جەمەتتىن ئىككىدىن پۈقرانى زىئونغا قايتۇرۇپ
كېلىمەن. [15] مەن سىلەرگە كۆڭلۈمدىكىدەك خەلق پادىچىلىرىنى
تەقسىم قىلىمەن؛ ئۇلار سىلەرنى دانالىق-بىلىم، ئەقىل-پاراسەت
بىلەن بېقىپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ.
[16] شۇنداق بولىدۇكى، شۇ كۈنلەردە سىلەر زېمىندا كۆپىيىپ،
كۆپ پەرزەنتلىك بولغىنىڭلاردا، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ سىلەر:
«پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى!» دەپ يەنە تىلغا ئالمايسىلەر؛
ئۇ ھېچ ئېسىڭلارغا كەلمەيدۇ، ئۇنى ھېچ ئەسلىمەيسىلەر ۋە ئۇنى
ھېچ سېغىنمايسىلەر؛ سىلەر باشقا بىر ساندۇقمۇ ياسىمايسىلەر.

---

12:3 **«شىمالغا قاراپ... مۇنداق دېگىن»** ــ بۇ سۆزلەر بەلكىم ئاسۇرىيە تەرىپىدىن 100 يىل ئىلگىرى سۈرگۈن قىلىنغان ئىسرائىل (ئون قەبىلىسى)غا ئېيتىلىدۇ.

**12:3** زەب. 15:86؛ 8:103، 9؛ 18:145

14:3 **«چۈنكى مەن سىلەرنى ھەقىقىي سۆيگۈچىدۇرمەن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «چۈنكى مەن سىلەرگە ئەردۇرمەن».

**15:3** يەر. 4:23؛ ئەز. 23:34؛ ئەف. 11:4

16:3 **«سىلەر ئۇنى ھېچ سېغىنمايسىلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار ئۇنى ئىزدەپ تاۋاپ قىلمايدۇ». **«سىلەر باشقا بىر ساندۇقمۇ ياسىمايسىلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار قايتىدىن شۇنداق قىلمايدۇ». دېمىسەكمۇ «ئەھدە ساندۇقى» ئىبادەتخانا

[17] شۇ چاغدا ئۇلار يېرۇسالېمنى «پەرۋەردىگارنىڭ تەختى» دەپ ئاتايدۇ؛
بارلىق ئەللەر ئۇنىڭغا يىغىلىدۇ، ــ يەنى پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا،
يېرۇسالېمغا يىغىلىدۇ؛ ئۇلار قەلبىدىكى رەزىل جاھىللىقىغا
قايتىدىن ھېچ ئەگىشىپ ماڭمايدۇ. [18] شۇ كۈنلەردە يەھۇدا جەمەتى
ئىسرائىل جەمەتى بىلەن بىرلىكتە ماڭىدۇ؛ ئۇلار شىمال زېمىنىدىن
بىللە چىقىپ مەن ئاتا-بوۋىلىرىغا مىراس بولۇشقا تەقدىم قىلغان
زېمىنغا كېلىدۇ.
[19] مەن: «مەن سېنى باللىرىم قاتارىغا قويۇپ، ساڭا گۈزەل زېمىننى،
يەنى كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ زېمىنلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ كۆركەم
جاينى مىراس قىلىپ ئاتا قىلىشنى شۇنچىلىك خالايتتىم!» ــ دېدىم،
ۋە: «سەن مېنى «مېنىڭ ئاتام» دەيسەن، ۋە مەندىن يۈز ئۆرۈمەيسەن!»
ــ دېدىم.
[20] لېكىن بەرھەق، ئاسىيلىق قىلغان ئايال ئۆز جۆرىسىدىن
ئايرىلغاندەك، سىلەر ماڭا ئاسىيلىق قىلغانسىلەر، ئى ئىسرائىل
جەمەتى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار. [21] يۇقىرى جايلاردىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ!
ئۇ بولسا ئىسرائىل جەمەتىدىكىلەرنىڭ يىغا-پەريادلىرى؛ چۈنكى
ئۇلار ئۆز يولىنى بۇرمىلىغان، پەرۋەردىگار خۇداسىنى ئۇنتۇغان.
[22] ــ قايتىپ كېلىڭلار، ئەي يولدىن چىققۇچى باللار؛ مەن سىلەرنىڭ
يولدىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا شىپا بولىمەن.
«مانا، بىز يېنىڭغا بارىمىز؛ چۈنكى سەن پەرۋەردىگار
خۇدايىمىزدۇرسەن» ــ دەڭلار!
[23] ــ بەرھەق، ئېگىزلىكلەردە ھەم تاغلاردا ئاڭلىتىلغان

تۆزۈمنىڭ مەركىزى بولغاچقا، بۇ ئايەت بەلكىم ئىبادەتخانا ۋە ئۇنىڭغا باغلىق تۆزۈمنىڭ (قۇربانلىقلار،
كاھىنلار، نۇرغۇن قائىدە-يوسۇنلار) يېڭى بىر ئەھدە بىلەن ئىناۋەتسىز قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
31:31-34 ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.
**19:3 «مەن سېنى باللىرىم قاتارىغا قويۇپ،..ئەڭ كۆركەم جاينى مىراس قىلىپ ئاتا
قىلىشنى شۇنچىلىك خالايتتىم!»** ــ پەرۋەردىگار مۇشۇ ئايەتتە ئىسرائىلغا ئۆزىگە سادىق
بولغان ئايالىنىڭ سۈپىتىدە سۆزلەيدۇ.

بۇتپەرەسلىكنىڭ قىيقاس-سۈرەنلىرى بىھۇدە ئىشتۇر! بەرھەق،
ئىسرائىلنىڭ قۇتقۇزۇش-نىجاتى پەرۋەردىگار خۇدايىمىزدىنلادۇر.
[24] لېكىن ياشلىقىمىزدىن تارتىپلا، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەجرىنى،
يەنى ئۇلارنىڭ كالا-قوي پادىلىرىنى، قىز-ئوغۇللىرىنى ئاشۇ ئۇيات-
نومۇس يەپ كەتكەن؛ [25] نەتىجىدە بىز ئۇيات-خىجىللىق ئىچىدە
ياتتۇق، قالايمىقانچىلىق ۋە ئالاقزادىلىك بىزنى قاپلىۋالدى؛ چۈنكى
ياشلىقىمىزدىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بىز ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىز
ھەممىمىز پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلىپ
كەلدۇق، پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ ئاۋازىغا ھېچ قۇلاق سالمىدۇق.

4 [1] — «بۇ يوللىرىمدىن بۇرۇلاي!» دېسەڭ، ئى ئىسرائىل — دەيدۇ
پەرۋەردىگار — ئەمدى مېنىڭ يېنىمغا بۇرۇلۇپ قايتىپ كەل!
ئەگەر بۇ يىرگىنچلىكلىرىڭنى كۆزۈمدىن نېرى قىلساڭ، ۋە شۇنداقلا
يولدىن يەنە تېنەپ كەتمىسەڭ، [2] — ئەگەر سەن: «پەرۋەردىگارنىڭ
ھاياتى بىلەن!» دەپ قەسەم ئىچكىنىڭدە، ئۇ قەسەم ھەقىقەت،
ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن بولسا، ئۇنداقتا يات ئەللەرمۇ ئۇنىڭ

---

23:3 **«بۇتپەرەسلىكنىڭ قىيقاس-سۈرەنلىرى»** — «بۇتپەرەسلىك» ئەينى تېكستتە يوق، بىراق بىزنىڭچە ئايەت بۇنى كۆرسىتىدۇ. بۇتپەرەسلىكتە بۇتلاردىن «ياردەم سوراش» ئۈچۈن قىيقاس-سۈرەن كۆتۈرۈش كېرەك ئىدى.

**23:3** زەب. 1:121

**24:3 «ئاشۇ ئۇيات-نومۇس»** — مۇشۇ ئىبارە «بائال» دېگەن ئىنتايىن يىرگىنچلىك مەبۇدنى كۆرسىتىدۇ. 11-باب، 13-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**25:3 «قالايمىقانچىلىق ۋە ئالاقزادىلىك»** — بۇ سۆزلەر مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**1:4 «مېنىڭ يېنىمغا بۇرۇلۇپ قايتىپ كەل!»** — بۇ ئىبارە بەلكىم «سەللىمازا توۋا قىل»، «ئىككىلەنمە!»، «ئالا كۆڭۈللۈك بولما!» دېگەن مەنىنى ئىنتايىن تەكىتلەيدۇ.

**—«ئەگەر بۇ يىرگىنچلىكلىرىڭنى كۆزۈمدىن نېرى قىلساڭ، ۋە شۇنداقلا يولدىن يەنە تېنەپ كەتمىسەڭ،... »** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەگەر بۇ يىرگىنچلىكلىرىڭنى كۆزۈمدىن نېرى قىلساڭ، ئەمدى سەن سەرگەردان بولمايسەن».

**نامىدا ئۆزلىرىگە بەخت تىلىشىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ پەخىر-شۆھرىتى**
**قىلىدۇ.**
**³ چۈنكى پەرۋەردىگار يەھۇدادىكىلەر ۋە يېرۇسالېمدىكىلەرگە مۇنداق**
**دەيدۇ: ــ «بوز يېرىڭلارنى چېپىپ ئاغدۇرۇڭلار؛ تىكەنلىك ئارىسىغا**
**ئۇرۇق چاچماڭلار! ⁴ ئۆزلىرىڭلارنى پەرۋەردىگارنىڭ يولىدا سۈننەت**
**قىلىڭلار؛ قەلبىڭلارنى سۈننەت قىلىڭلار، ئى يەھۇدادىكىلەر ۋە**
**يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار! ــ بولمىسا، مېنىڭ قەھرىم پارتلاپ ئوت**
**بولۇپ سىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؛ قىلمىشلىرىڭلارنىڭ رەزىللىكى**
**تۈپەيلىدىن ئۇنى ئۆچۈرەلەيدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ.**
**⁵ ــ يەھۇدادا مۇشۇلارنى ئېلان قىلىپ، يېرۇسالېمدا: ــ «زېمىن-زېمىندا**
**كاناي چېلىڭلار!» ــ دەپ جاكارلاڭلار؛**
**«يىغىلىڭلار! مۇستەھكەم شەھەرلەرگە قېچىپ كىرەيلى!» ــ دەپ نىدا**
**قىلىڭلار!**

---

**2:4** يار. 18:22؛ يەش. 1:48

**3:4 «بوز يېرىڭلارنى چېپىپ ئاغدۇرۇڭلار؛ تىكەنلىك ئارىسىغا ئۇرۇق چاچماڭلار!»** ــ بۇ سىرلىق ئايەت يەھۇدادىكىلەرنى نادان دېھقانلارغا، ئۇلارنىڭ ھاياتلىرىنى ئاختارما يەرگە ئوخشىتىدۇ. «نېمىشقا ھاياتىمىزدىن ھېچقانداق بەخت، مۇۋەپپەقىيەت يوق؟» دەپ سورىسا، «سىلەر ئۇرۇقلىرىنى تىكەنلەر ئارىسىغا تېرىغان دېھقانلارغا ئوخشاش، ھېچ ھوسۇللۇق بولمايسىلەر» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ، ئەلۋەتتە. دېھقانلار ھوسۇل كۆرۈش ئۈچۈن بوز يەرلىرىنى چېپىپ، تىكەنلەرنى يۇلۇپ تاشلىشى كېرەك بولغىنىغا ئوخشاش، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى قوزغاپ قاتتىق توۋا قىلىشى كېرەك، ئاندىن بەختنىڭ ھوسۇلىنى كۆرىدۇ.

**3:4** ھوش. 12:10

**4:4 «قەلبىڭلارنى سۈننەت قىلىڭلار»** ــ سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى: «قەلبىڭلاردىكى خەتنىلىكنى ئېلىپ تاشلاڭلار». دېمىسەكمۇ، ئىسرائىللار ئەتلىرىدە سۈننەت قىلىنغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى توۋىسىز قاتتىق ئىدى؛ شۇڭا پەيغەمبەر: «**قەلبىڭلارنى** سۈننەت قىلىڭلار» دەپ ئاگاھ بېرىدۇ.

**4:4** قان. 16:10؛ 6:30؛ يەش. 5:65

**5:4 ««يىغىلىڭلار! مۇستەھكەم شەھەرلەرگە قېچىپ كىرەيلى!» ــ دەپ نىدا قىلىڭلار»** ــ بۇ سۆزلەر بەلكىم باشقا پەيغەمبەرلەرگە، ياكى «خەلق پادىچىلىرى» بولغان پادىشاھ، ھۆكۈمدارلار ۋە كاھىنلار قاتارلىقلارغا ئېيتىلىدۇ (9-ئايەتنى كۆرۈڭ). دېمەك، ئۇلار ئۆز ئىخلاسسىزلىقى، ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن خەلققە شۇنداق جار قىلىشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ.

[6]زىئوننى كۆرسىتىدىغان بىر تۇغنى تىكلەڭلار؛ دەرھال قېچىڭلار،
كېچىكىپ قالماڭلار! چۈنكى مەن كۈلپەت، يەنى زور بىر ھالاكەتنى
شىمالدىن ئېلىپ كېلىمەن. [7]شىر ئۆز چاتقاللىقىدىن چىقتى،
«ئەللەرنى يوقاتقۇچى» يولغا چىقتى؛ ئۇ ئۆز جايىدىن چىقىپ
زېمىنىڭنى ۋەيران قىلىشقا كېلىدۇ؛ شەھەرلىرىڭ ۋەيران قىلىنىپ،
ئادەمزاتسىز بولىدۇ. [8]بۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىڭلارغا بۆز كىيىم ئوراڭلار،
داد-پەرياد كۆتۈرۈپ نالە قىلىڭلار! چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق
غەزىپى بىزدىن يانمىدى!
[9]شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ پادىشاھنىڭ
يۈرىكى، ئەمىرلەرنىڭ يۈرىكىمۇ سۇ بولۇپ كېتىدۇ، كاھىنلار ئالاقزادە
بولۇپ، پەيغەمبەرلەر تەئەججۈپلىنىدۇ.

[10]ــ ئاندىن مەن: ــ ئاھ، رەب پەرۋەردىگار! بەرھەق سەن بۇ خەلقنى،
جۈملىدىن يېرۇسالېمنى: «سىلەر ئامان-تىنچ بولىسىلەر» دەپ
ئالدىدىڭ؛ ئەمەلىيەتتە بولسا قىلىچ جانغا يېتىپ كەلدى، دېدىم.
[11]ــ شۇ چاغدا بۇ خەلققە ۋە يېرۇسالېمغا مۇنداق دېيىلىدۇ: «چۆل-
باياۋاندىكى ئېگىزلىكلەردىن چىققان ئىسسىق بىر شامال
خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ يولىغا قاراپ چۈشىدۇ؛ لېكىن ئۇ خامان سورۇشقا
ياكى دان ئايرىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ! [12]ــ بۇنىڭدىن ئەشەددىي بىر
شامال مەندىن چىقىدۇ؛ مانا، مەن ھازىر ئۇلارغا جازا ھۆكۈملىرىنى
جاكارلايمەن. [13]مانا، ئۇ توپ بۇلۇتلاردەك كېلىدۇ، ئۇنىڭ جەڭ
ھارۋىلىرى قارا قۇيۇندەكتۇر، ئۇنىڭ ئاتلىرى بۈركۈتلەردىن تېزدۇر!

**7:4** يەش. 29:5؛ يەر. 15:2؛ 6:5

**8:4** يەش. 12:32

**10:4** **«سىلەر ئامان-تىنچ بولىسىلەر»** ــ بۇ ئايەتتىكى: «سىلەر ئامان-تىنچ بولىسىلەر» دېگەن سۆزلەر ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىدۇر (14:6، 11:8 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ).

**11:4** **«خەلقىمنىڭ قىزى»** ــ شۇنداقلا «پاك **قىزىم** بولغان خەلقىم»، «زىئون **قىزى**» قاتارلىق ئىبارىلەر خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە ياكى باشقا خەلق (مەسىلەن، «مىسىرنىڭ **قىزى**»، (11:46))قە بولغان مېھىر-شەپقىتىنى، ئۇلارغا باغلىغان مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدىغان مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ھالىمىزغا ۋاي! چۈنكى بىز نابۇت بولدۇق!»
[14]— «ئى يېرۇسالېم، ئۆز قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن قەلبىڭنى رەزىللىكتىن
يۇيۇۋەت؛ قاچانغىچە كۆڭلۈڭگە بىھۇدە ئوي-خىياللارنى پۈكۈپ
تۇرىسەن؟ [15] چۈنكى دان دىيارىدىن، ئەفرائىمدىكى ئېگىزلىكلەردىنمۇ
ئازاب-كۈلپەتنى ئېلان قىلىدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىتىلىدۇ: — [16] ئۇلار:
ئەللەرگە ئېلان قىلىڭلار، يېرۇسالېمغىمۇ ئاڭلىتىڭلار: — مانا، قورشاۋغا
ئالغۇچىلار يىراق يۇرتتىن كېلىۋاتىدۇ! ئۇلار يەھۇدا شەھەرلىرىگە
قارشى جەڭ چۇقانلىرىنى كۆتۈرۈشكە تەييار! — دەيدۇ. [17] ئېتىزلىقنى
مۇداپىئە قىلىۋاتقانلاردەك، ئۇلار يېرۇسالېمنى قورشىۋالىدۇ؛ چۈنكى
ئۇ ماڭا ئاسىيلىق قىلغان، — دەيدۇ پەرۋەردىگار. [18] سېنىڭ يولۇڭ ۋە
قىلمىشلىرىڭ مۇشۇلارنى ئۆز بېشىڭغا چۈشۈردى؛ بۇ رەزىللىكىڭنىڭ
ئاقىۋىتىدۇر؛ بەرھەق، ئۇ ئازابلىقتۇر، يۈرىكىڭگىمۇ سانجىيدۇ!».
[19]— مەن: «ئاھ، ئىچ-باغرىم! ئىچ-باغرىم! تولغاقتا چۈشتۈم!
ئاھ، كۆڭلۈم ئازابلاندى! يۈرىكىم دۈپۈلدەۋاتىدۇ، سۈكۈت قىلىپ
تۇرالمايمەن؛ چۈنكى مەن كانايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايمەن؛ جەڭ
چۇقانلىرى جېنىمغا سانجىدى.
[20] ئاپەت ئۈستىگە ئاپەت چۈشتى! پۈتكۈل زېمىن ۋەيران بولدى؛
چېدىرلىرىم دەقىقىدە بەربات قىلىندى، پەردىلىرىم ھايت-ھۇيتنىڭ
ئىچىدە يىرتىپ تاشلاندى! [21] قاچانغىچە تۇغقا قاراپ تۇرۇشۇم، جەڭ

---

13:4 **«مانا، ئۇ توپ بۇلۇتلاردەك كېلىدۇ، ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى قارا قۇيۇندەكتۇر، ئۇنىڭ ئاتلىرى بۈركۈتلەردىن تېزدۇر!»** — «ئۇ» كىمنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېيتىلمايدۇ. بىراق ئالدى-كەينى سۆزلەرگە قارىغاندا، «ئۇ» 7-ئايەتتىكى «ئەللەرنى يوقاتقۇچى» بولغان دۈشمەننى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ سۆزلەر شىمالدىن كېلىدىغان «سكىتلار»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن سكىتلارنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى يوق ھەم ئۇلار شەھەرلەرنى «قورشاۋغا ئالغۇچى»لارمۇ (16-ئايەت) ئەمەس؛ شۇڭا بىز بۇ سۆزلەرنى بابىللىقلارنى ۋە بەلكىم ئاخىرقى زاماندىكى دەججالنىڭ قوشۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.

**14:4** يەش. 16:1

**19:4** يەش. 4:21؛ يەر. 23:8

20:4 **«چېدىرلىرىم» ... «پەردىلىرىم»...** — يەرەميا پەيغەمبەر خەلقىنىڭ ئازابلىرىنى ئۆزىنىڭكى

**ئاۋازلىرىنى ئاڭلىشىم كېرەك؟» ـ دېدىم.**
**22 ـ «چۈنكى مېنىڭ خەلقىم نادانلار؛ ئۇلار مېنى ھېچ تونۇمىغان؛ ئۇلار**
**ئەقلى يوق بالىلار، ئۇلار ھېچ يورۇتۇلمىغان؛ رەزىللىككە نىسبەتەن**
**ئۇلار دانادۇر، ئەمما ياخشىلىققا نىسبەتەن ئۇلار بىلىمسىزدۇر».**

**23 ـ «مەن يەر يۈزىگە قارىدىم؛ مانا، ئۇ شەكىلسىز ۋە قۇپ-قۇرۇق**
**بولدى؛ ئاسمانلارغىمۇ قارىدىم، ئۇ نۇرسىز قالدى؛ 24 تاغلارغا قارىدىم،**
**مانا، ئۇلار زىلزىلىگە كەلدى، بارلىق دۆڭلەر ئەشەددىي سىلكىنىپ**
**كەتتى. 25 قاراپ تۇرىۋەردىم، ۋە مانا، ئىنسان يوق ئىدى، ئاسماندىكى**
**بارلىق ئۇچار-قاناتلارمۇ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. 26 مەن قارىدىم،**
**مانا، باغ-ئېتىزلار چۆل-باياۋانغا ئايلاندى، بارلىق شەھەرلەر**
**پەرۋەردىگار ئالدىدا، يەنى ئۇنىڭ قاتتىق غەزىپى ئالدىدا ۋەيران بولدى.**
**27 چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ «پۈتكۈل زېمىن ۋەيران بولىدۇ؛**
**ئەمما مەن ئۇنى پۈتۈنلەي يوقاتمايمەن. 28 بۇنىڭ تۈپەيلىدىن پۈتكۈل**
**يەر يۈزى ماتەم تۇتىدۇ، يۇقىرىدا ئاسمان قارىلىق بىلەن قاپلىنىدۇ؛**
**چۈنكى مەن شۇنداق سۆز قىلدىم، مەن شۇنداق نىيەتكە كەلگەنمەن؛**
**مەن ئۇنىڭدىن ئۆكۈنمەيمەن، ئۇنىڭدىن ھېچ يانمايمەن؛ 29 ئاتلىقلار ۋە**
**ئوقيالىقلارنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنى بىلەن ھەربىر شەھەردىكىلەر قېچىپ**
**كېتىدۇ؛ ئۇلار چاتقاللىقلارغا كىرىپ مۆكۈۋالىدۇ، تاشلار ئۈستىگە**
**چىقىۋالىدۇ؛ بارلىق شەھەرلەر تاشلىنىپ ئادەمزاتسىز قالىدۇ.**

دەپ ھېس قىلىپ، «خەلقىمنىڭ چېدىرلىرىم» ۋە «خەلقىمنىڭ پەردىلىرى» دېمەي، بەلكى «چېدىرلىرىم» ۋە «پەردىلىرىم» توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ.

**23:4 «مەن يەر يۈزىگە قارىدىم؛ مانا، ئۇ شەكىلسىز ۋە قۇپ-قۇرۇق بولدى؛ ئاسمانلارغىمۇ قارىدىم، ئۇ نۇرسىز قالدى...»** ـ دېمىسەكمۇ، بۇ ئايەتتىكى ۋە تۆۋەندىكى ئايەتتىكى ئىشلار يەرەميا پەيغەمبەرگە روھتا كۆرسىتىلگەن ئالامەت كۆرۈنۈشتۇر. بۇ كۆرۈنۈش: (1) ئىسرائىل زېمىنى بابىللىقلارنىڭ تاجاۋۇزلۇقى ئاستىدا بولىدىغان ۋەيرانە ھالىتىنى؛ ۋە (2) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاخىرقى زامانلاردىكى ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھالەت خۇدا جاھاننى ياراتقىنىدا يەر-زېمىننىڭ ئاۋۋالقى شەكىلسىز، تەرتىپسىز ھالىتىگە ئوخشايدۇ.

**27:4** يەر. 5:18، 10؛ 11:30؛ 28:46

[30] ــ سەن، ئى ھالاك بولغۇچى، نېمە قىلماقچىسەن؟ گەرچە سەن
پەرەڭ كىيىملەرنى كىيگەن بولساڭمۇ، ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەرنى
تاقىغان بولساڭمۇ، كۆز-قاشلىرىڭنى ئۇسما بىلەن پەردازلىغان
بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى ياسىغىنىڭ بىكاردۇر؛ سېنىڭ ئاشىقلىرىڭ سېنى
كەمسىتىدۇ؛ ئۇلار جېنىڭنى ئىزدەۋاتىدۇ. [31] چۈنكى مەن تولغاقتا
چۈشكەن ئايالنىڭكىدەك بىر ئاۋازنى، تۇنجى بالىنى تۇغقاندىكىدەك
ئازابدا بولغان زىئون قىزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەن؛ ئۇ قوللىرىنى
سوزۇپ: «ھالىمغا ۋاي! بۇ قاتىللار تۈپەيلىدىن ھالىمدىن كەتتىم!»
دەپ ھاسىرىماقتا.

## يېرۇسالېم جازاغا لايىق

5 [1] پەرۋەردىگار: ــ يېرۇسالېمنىڭ رەستە-كوچىلىرىدا ئۇيان-
بۇيان ئايلىنىپ يۈگۈرۈڭلار، ئۇبدان كۆرۈپ بىلىۋېلىڭلار؛
مەيدانلىرىدىن ئىزدەپ كۆرۈڭلار؛ ئادالەت بىلەن ئىش كۆرىدىغان،
ۋەدىسىدە تۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان بىرلا ئادەمنى تاپساڭلار، شۇندا مەن
بۇ (شەھەرنى) كەچۈرىمەن!
[2] گەرچە ئۇلار: «پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن!» دەپ قەسەم ئىچكەن
بولسىمۇ، ئۇلار يالغاندىن سۆزلەيدۇ، دېدى.

---

30:4 **«ئۆزۈڭنى ياسىغىنىڭ»** ــ بەلكىم يەھۇدا يات ئەللەردىن يار-يۆلەك ئىزدىگەندە يالاقچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
31:4 **«تۇنجى بالىنى تۇغقاندىكىدەك ئازابدا بولغان زىئون قىزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەن»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «زىئون» يېرۇسالېم جايلاشقان تاغ بولۇپ، «زىئون» ياكى «زىئون قىزى» دېگەننىڭ ئۆزى يېرۇسالېم ياكى ئىسرائىلنى بىلدۈرىدۇ.
2:5 **«...بىرلا ئادەمنى تاپساڭلار، شۇندا مەن بۇ شەھەرنى كەچۈرىمەن! 1-ئايەت... گەرچە ئۇلار: «پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن!» دەپ قەسەم ئىچكەن بولسىمۇ، ئۇلار يالغاندىن سۆزلەيدۇ، دېدى»** ــ كېيىن، يەرەمىيا بىرنەچچە شۇنداق ئادىل، سادىق ئادەملەر (مەسىلەن، بارۇق، ئاھىكام، ئەبەد-مەلەك) بىلەن تونۇشقان. لېكىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا ئۇ مۇشۇنداقلارنى تاپالمىغان.

## يەرەمىيا سۆز قىلىدۇ

[3] — ئى پەرۋەردىگار، كۆزۈڭ ئادالەت-بىتەرەپلىكنى ئىزدەپ يۈرىدۇ
ئەمەسمۇ؟ سەن بۇلارنى ئۇردۇڭ، لېكىن ئۇلار ئازابلانمايدۇ؛ سەن
ئۇلارنى نابۇت قىلىپ تۈگەشتۈردۈڭ، لېكىن ئۇلار تەربىيە قوبۇل
قىلىشنى رەت قىلىپ كەلدى؛ ئۇلار يۈزلىرىنى تاشتىن قاتتىق قىلدى،
ئۇلار يولىدىن يېنىشنى رەت قىلىدۇ» [4] — مەن: «شۈبھىسىزكى، بۇنداق
قىلغانلار پەقەت نامراتلار، ئۇلار نادانلار؛ چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ
يولىنى، خۇداسىنىڭ ھۆكۈم-كۆرسەتمىلىرىنى بىلمەيدۇ» — دېدىم.
[5] — «مەن مۆتىۋەرلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارغا سۆزلەيمەن؛ چۈنكى
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى، خۇداسىنىڭ ھۆكۈم-كۆرسەتمىلىرىنى
بىلىدۇ». بىراق ئۇلارمۇ بويۇنتۇرۇقنى ئۇزۇل-كېسىل بۇزۇپ،
رىشتىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغان.

## پەرۋەردىگار جاۋاب بېرىدۇ

[6] — شۇڭا ئورماندىن چىققان بىر شىر ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، باياۋاندىن
چىققان بىر بۆرە ئۇلارنى ۋەيران قىلىدۇ؛ يىلپىز شەھەرلەرگە قاراپ
پايلايدۇ؛ شەھەرلەردىن چىققان ھەربىرى تىتما-تىتما قىلىنىدۇ؛
چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقلىرى كۆپىيىپ، ۋاپاسىزلىقلىرى ئاۋۇيدۇ.
[7] مەن زادى نېمىگە ئاساسەن سېنى كەچۈرىمەن؟ سېنىڭ بالىلىرىڭ
مەندىن ۋاز كېچىپ، خۇدا ئەمەسلەرگە قەسەم ئىچمەكتە؛ مەن
ھەممە ھاجەتلىرىدىن چىققان بولساممۇ، لېكىن ئۇلار زىناخورلۇق
قىلىپ، پاھىشىلەرنىڭ ئۆيىگە توپ-توپ بولۇپ مېڭىشۋاتىدۇ. [8] ئۇلار

---

3:5 يەش. 5:1؛ 12:9؛ يەر. 30:2

6:5 **«ئورماندىن چىققان بىر شىر ...، باياۋاندىن چىققان بىر بۆرە ...؛ يىلپىز شەھەرلەرگە قاراپ پايلايدۇ»** — بۇ ئايەتتىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆچمە مەنىدە بولۇپ دۈشمەنلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

6:5 يەر. 7:4

7:5 **«مەن ھەممە ھاجەتلىرىدىن چىققان بولساممۇ، لېكىن ئۇلار زىناخورلۇق قىلىپ، پاھىشىلەرنىڭ ئۆيىگە توپ-توپ بولۇپ مېڭىشۋاتىدۇ»** — بۇ ئايەت بەلكىم روھىي

سەمىرگەن ئىشقۋاز ئايغىرلار، ئۇلار ھەربىرى ئۆز يېقىنىنىڭ ئايالىغا
ھەۋەس قىلىپ كىشنەۋاتىدۇ.
9 بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۇلارنى جازالىماي قويامدىم؟ ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار، ــ مېنىڭ جېنىم مۇشۇنداق بىر ئەلدىن قىساس ئالماي
قويامدۇ؟
10 ئۇنىڭ ئۈزۈم چۈنەكلىرىدىن ئۆتۈپ، تاللىرىنى ۋەيران قىلىڭلار؛
لېكىن ئۇلارنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلماڭلار؛ شاخلىرىنى قىرىپ
تاشلاڭلار، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا تەۋە ئەمەستۇر؛
11 چۈنكى ئىسرائىل جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى ماڭا مۇتلەق
ۋاپاسىزلىق قىلدى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
12 ئۇلار: «ئۇ ھېچنېمە قىلمايدۇ! بىزگە ھېچ ئاپەت چۈشمەيدۇ؛ نە
قىلىچ نە قەھەتچىلىكنى كۆرمەيمىز!» ــ دەپ پەرۋەردىگاردىن تېنىپ
كەتتى. 13 پەيغەمبەرلەر بولسا پەقەت بىر شامالدىن ئىبارەت بولىدۇ،
خالاس؛ پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى ئۇلاردا يوقتۇر؛ ئۇلارنىڭ سۆزلىرى
ئۆز بېشىغا يانسۇن!
14 شۇڭا پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا ماڭا

---

جەھەتتىكى ۋاپاسىزلىقنى كۆرسىتىدۇ. خۇدا ئىسرائىلنى «مېنىڭ ئايالىم» دەپ ئاتايدۇ (10:2، 3-بابنى كۆرۈڭ). 8-ئايەت جىسمانىي جەھەتتىكى زىناخورلۇقنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**8:5** ئەز. 11:22

**9:5** يەر. 29:5؛ 9:9

10:5 **«ئۇنىڭ ئۈزۈم چۈنەكلىرىدىن ئۆتۈپ، .... شاخلىرىنى قىرىپ تاشلاڭلار، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا تەۋە ئەمەستۇر»** ــ بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ سېپىللىرىغا يامىشىپ چىقىپ ۋەيرانچىلىق قىلىڭلار، لېكىن ئۇلارنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋەتمەڭلار؛ ئىستىھكاملىرىنى ئېلىپ تاشلاڭلار، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا تەۋە ئەمەستۇر».

**10:5** يەر. 18:5؛ 27:4؛ 11:30؛ 28:46؛ يەش. 8:27

**11:5** يەر. 20:3

13:5 **«پەيغەمبەرلەر بولسا پەقەت بىر شامالدىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «روھ» ۋە «شامال» بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، «پەيغەمبەرلەر» ئۆزلىرىنى «بىزگە خۇدانىڭ روھى تولدۇرۇلغان» دەيدۇ، لېكىن خۇدا ئۇلارنى پەقەت «شامالغا تولدۇرۇلغان» دەيدۇ.

مۇنداق دەيدۇ: ــ بۇ خەلق مۇشۇ سۆزنى قىلغىنى ئۈچۈن، مانا، مەن
ئاغزىڭغا سالغان سۆزلىرىمنى ئوت، بۇ خەلقنى ئوتۇن قىلىمەنكى،
ئوت ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.
15 ــ مانا، مەن يىراقتىن بىر ئەلنى ئېلىپ كېلىمەن، ئى ئىسرائىل
جەمەتى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ ئۇ كۈچلۈك بىر ئەل، قەدىمىي بىر ئەل،
تىلىنى سەن بىلمەيدىغان ۋە گەپلىرىنى سەن ھېچ چۈشەنمەيدىغان
بىر ئەل بولىدۇ؛ 16 ئۇلارنىڭ ئوقدېنى يوغان ئېچىلغان بىر گۆردۇر؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى باتۇر پالۋانلاردۇر. 17 ئۇلار ھوسۇلىڭنى ۋە نېنىڭنى
يەپ كېتىدۇ، ئوغۇل-قىزلىرىڭنى يەپ كېتىدۇ، كالا-قوي پادىلىرىڭنى
يەپ كېتىدۇ، ئۈزۈم تاللىرىڭنى ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرىڭنى يەپ كېتىدۇ؛
ئۇلار سەن تايانغان مۇستەھكەم شەھەرلىرىڭنى قىلىچ بىلەن ۋەيران
قىلىدۇ.
18 ھالبۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ شۇ كۈنلەردىمۇ سىلەرنى پۈتۈنلەي
تۈگەشتۈرمەيمەن. 19 شۇ چاغدا خەلقىڭ: «پەرۋەردىگار خۇدايىمىز
نېمىشقا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بېشىمىزغا چۈشۈرگەن؟» ــ
دەپ سورىسا، ئەمدى سەن يەرەمىيا ئۇلارغا: «سىلەر مەندىن يۈز ئۆرۈپ،
ئۆز زېمىنىڭلاردا يات ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىدا بولغىنىڭلاردەك، سىلەر
ئۆز ۋەتىنىڭلار بولمىغان بىر زېمىندا يات بولغانلارنىڭ قۇللۇقىدا
بولىسىلەر» ــ دېگىن.
20 ــ ياقۇپنىڭ جەمەتىدە شۇنى جاكارلىغىنكى ۋە يەھۇدا ئارىسىدا
شۇنى ئېلان قىلغىنكى، 21 «بۇنى ئاڭلاڭلار، ئى نادان ۋە ئەقلى يوق،
كۆزى تۇرۇپ كۆرمەيدىغان، قۇلىقى تۇرۇپ ئاڭلىمايدىغان بىر خەلق:

---

**14:5** يەر. 10-9:1

**15:5** قان. 49:28؛ يەر. 15:1؛ 22:6

**17:5** لاۋ. 16:26؛ قان. 31،33:28

**18:5** يەر. 10:5؛ 27:4؛ 11:30؛ 28؛46

19:5 **«يات بولغانلارنىڭ قۇللۇقىدا بولىسىلەر»** ــ «يات بولغانلار» بەلكىم ئىككى بىسلىق سۆزلەر بولۇپ، ھەم «يات بۇتلار» ھەم «يات ئادەملەر»نىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**19:5** يەر. 10:16

**ـ [22] مەندىن قورقمامسىلەر؟ ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ـ دىڭىز سۇيى**
**ئۇچۇن ساھىلنى مەڭگۈلۈك چەكلىمە قىلىپ، «بۇ يەردىن ئۆتمە»**
**دەپ بېكىتكەن مېنىڭ ئالدىمدا تەۋرىمەمسىلەر؟ مانا، دولقۇنلىرى**
**ئۆركەشلىگىنى بىلەن ئۇلار ساھىل ئۇستىدىن ھېچ غەلىبە قىلمايدۇ؛**
**شاۋقۇنلىغىنى بىلەن بۇ چەكتىن ھەرگىز ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ.**
**[23] لېكىن بۇ خەلقنىڭ جاھىل ۋە ئاسىيلىق كۆڭلى باردۇر؛**
**ئۇلار يولدىن چىقىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ كەتتى. [24] ئۇلار**
**كۆڭلىدە: «ئۆز ۋاقتىدا يامغۇرلارنى، يەنى ئاۋۋالقى ھەم كېيىنكى**
**يامغۇرلارنى بەرگۈچى، بىزگە ھوسۇل پەسلىنى بېكىتىپ ئامان-**
**ئېسەن ساقلىغۇچى پەرۋەردىگار خۇدايىمىزدىن ئەيمىنەيلى»**
**دېگەننى ھېچ دېمەيدۇ. [25] سىلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىڭلار مۇشۇ**
**ئىشلارنى سىلەرگە نېسىپ قىلمىغان؛ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلار**
**سىلەردىن بەرىكەتنى مەھرۇم قىلغان.**
**[26] چۈنكى خەلقىم ئارىسىدا رەزىللەر باردۇر؛ ئۇلار پىستىرمىدا**
**ياتقان قىلتاقچىلاردەك پايلاپ يۈرىدۇ؛ ئۇلار تۇزاق سېلىپ،**
**ئادەملەرنى تۇتۇۋالىدۇ. [27] تۇتقان قۇشلارغا تولغان قەپەستەك،**
**ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئالدامچىلىقتىن ئېرىشكەن ماللار بىلەن**
**تولغان؛ ئۇلار شۇ يول بىلەن بۈيۈك ھەم باي بولۇپ كەتتى.**
**[28] ئۇلار سەمرىپ، پارقىراپ كەتتى؛ بەرھەق، ئۇلار رەزىل ئىشلارنى**
**قىلىشقا ماھىر بولۇپ كەتتى؛ ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ**
**خەقلەرنىڭ دەۋاسىنى، يېتىم-يېسىرلەرنىڭ دەۋاسىنى**

---

**21:5** يەش. 9:6

**22:5** ئايۇپ 10:38، 11؛ زەب. 33:7-8؛ 9:104

24:5 **«ئاۋۋالقى يامغۇر»...«كېيىنكى يامغۇر»...** ــ «ئاۋۋالقى يامغۇر» ئادەتتە 11-ئايدا يېغىپ، تۇپراقنى يۇمشىتىدۇ، يەرنى ھەيدەپ ئۇرۇق سېلىشقا تەييارلىنىدۇ. «كېيىنكى يامغۇر» بولسا پەلەستىندە 3- ياكى 4-ئايدا ياغىدۇ، ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنى پىشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ يامغۇرلار بولمىسا ھېچ ھوسۇل بولمايدۇ. **«بىزگە ھوسۇل پەسلىنى بېكىتىپ ئامان-ئېسەن ساقلىغۇچى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بىزگە ھوسۇل پەسلىدىكى ھەپتىلەرنى ساقلىغۇچى...».

**24:5** قان. 14:11

سورىمايدۇ؛ نامراتلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ھۆكۈمنى ئۇلار
چىقارمايدۇ.
[29]بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۇلارنى جازالىماي قويامدىم؟! ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار، ــ مېنىڭ جېنىم مۇشۇنداق بىر ئەلدىن قىساس ئالماي
قويامدۇ؟

[30]زېمىندا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ۋە يىرگىنچلىق بىر ئىش سادىر
قىلىنغانكى ــ [31]پەيغەمبەرلەر يالغان-ساختا بېشارەتلەرنى بەرمەكتە؛
كاھىنلار بولسا ئۆز ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ھۆكۈمرانلىق
قىلماقتا؛ مېنىڭ خەلقىممۇ بۇ ئىشلارنى ياقتۇرىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ
ئاقىۋىتىدە قانداق قىلىسىلەر؟

## يېرۇسالېمنىڭ ھالاك بولۇشى توغرۇلۇق بېشارەت

6 [1]جېنىڭلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېرۇسالېم شەھىرىدىن قېچىڭلار،
ئى بىنيامىن جەمەتىدىكىلەر! تەكوئا يېزىسىدا كاناي چېلىڭلار!
بەيت-ھاككەرەمدە ئىس سىگنالىنى كۆتۈرۈڭلار! چۈنكى بالايىئاپەت،

28:5 **«ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ خەقلەرنىڭ دەۋاسىنى، يېتىم-يېسىرلەرنىڭ دەۋاسىنى سورىمايدۇ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى بولسا: «ئۇلار خەقلەرنىڭ دەۋاسىنى، ھەتتا يېتىم-يېسىرلەرنىڭ دەۋاسىنى سورىغىنى بىلەن ھەرگىز ئۇنى ئادىل سورىمايدۇ».

**28:5** قان. 15:32؛ يەش. 23:1؛ زەك. 10:7

29:5 **«جازالىماي قويامدىم»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «يوقلىمامدىم؟!».

**29:5** يەر. 9:5؛ 9:9

31:5 **«كاھىنلار بولسا ئۆز ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «كاھىنلارمۇ ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن (دېمەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ يالغان بېشارەتلىرىدىن پايدىلىنىپ) ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا». لېكىن «يەرەمىيا» دېگەن كىتابتا بۇنداق ئىشلار يەنە تىلغا ئېلىنمايدۇ، شۇڭا تەرجىمىمىز بەلكىم توغرىدۇر.

**31:5** يەر. 18:14؛ 25:23، 26؛ ئەز. 6:13

**يەنى دەھشەتلىك ھالاكەت شىمال تەرەپتىن پەيدا بولىدۇ.**
**[2]زىئون قىزى، يەنى نازىنىن ساھىبجامالنى، مەن نابۇت قىلىمەن.**
**[3]يېرۇسالېمغا قارشى چىقىۋاتقان پادا باققۇچىلارمۇ ئۆز پادىلىرىنى**
**ئېپكېلىدۇ؛ ئۇلار يېرۇسالېمنى قورشاۋغا ئېلىپ چېدىرلىرىنى**
**تىكىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئىگىلىگەن جايدا پادا باقىدۇ.**
**[4]ئۇلار: «ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە تەييارلىنىڭلار! تۇرۇڭلار، چۈش**
**ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلايلى!»، «ئاپلا! كۈن پاتاي دەپ**
**قاپتۇ، كەچتىكى سايىلەر ئۇزىراۋاتىدۇ!» ــ دەيدۇ، ئاندىن: [5]«شۇڭا،**
**كېچىچە ھۇجۇم قىلىپ چىقايلى، ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئوردىلىرىنى**
**يوقىتايلى!» ــ دەيدۇ.**

---

1:6 **«جېنىڭلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېرۇسالېم شەھىرىدىن قېچىڭلار...دەھشەتلىك ھالاكەت شىمال تەرەپتىن پەيدا بولىدۇ»** ــ 4-باب، 6-ئايەتنىمۇ كۆرۈپ سېلىشتۇرۇڭ. شۇ يەردە خەلققە، «يېرۇسالېمغا قېچىپ كىرىڭلار» دېيىلگەن. بىراق ھازىر يېرۇسالېمنىڭ ئۆزى ھالاك بولىدۇ.

1:6 يەر. 13،14:1

3:6 **«يېرۇسالېمغا قارشى چىقىۋاتقان پادا باققۇچىلارمۇ ئۆز پادىلىرىنى ئېپكېلىدۇ؛ ئۇلار يېرۇسالېمنى قورشاۋغا ئېلىپ چېدىرلىرىنى تىكىدۇ؛ .. ھەممىسى ئۆزى ئىگىلىگەن جايدا پادا باقىدۇ»** ــ 4-ئايەتكە قارىغاندا بۇ ئايەتتىكى «پادا باققۇچىلىرى» ۋە ئۇلارنىڭ «پادىلىرى» يات ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرى ھەم ھۆكۈمدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ بولىدۇ؛ چۈنكى يۇقىرىدا (مەسىلەن 8:2دە) يەرەمىيا ئىسرائىلنىڭ باققۇچى بولغان پادىشاھلىرىنى «ئۆز پادىلىرى»نى باقماسلىقى تۈپەيلىدىن ئەيىبلەيدۇ. بىراق مۇشۇ يەردە خۇدانى تونۇمايدىغان «يات ئەل پادىشاھلىرى» ئۆز «پادىلىرى» بولغان خەلقى ئۈچۈن يول كۆرسىتىپ ئۇلارنى باقىدۇ.

4:6 **«ئۇلار: «ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە تەييارلىنىڭلار! ....» ـــ دەيدۇ»** ــ «ئۇلار» ــ ئەللەرنىڭ «پادا باققۇچى»لىرى.

5:6 **«ئۇلار: «... تۇرۇڭلار، چۈش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلايلى!»، «ئاپلا! كۈن پاتاي دەپ قاپتۇ، كەچتىكى سايىلەر ئۇزىراۋاتىدۇ!» ـــ دەيدۇ 4-ئايەت، ئاندىن: شۇڭا، كېچىچە ھۇجۇم قىلىپ چىقايلى... » ـــ دەيدۇ»** ــ 4- ھەم 5-ئايەتتىكى بېشارەت شۇنى تەكىتلىمەكچىكى، دۈشمەنلەر كەلگەندە بۈگۈنى بولمىسا ئەتىسى ھۇجۇم قىلىدۇ، يەھۇدا ئۈستىدىن غەلىبە قىلماي كەتمەيدۇ؛ يەنە كېلىپ، ئۇلار ھۇجۇمنى باشلىغاندا، يەھۇدادىكىلەر دۈشمەننى كېچە-كۈندۈز ھۇجۇم قىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ھېچ دەم ئالالمايدۇ.

6 ــ چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۇلارغا
مۇنداق دەيدۇ: ــ دەرەخلەرنى كېسىپ، ئۇلار بىلەن يېرۇسالېم ئەتراپىدا
دۆڭ-پوتەيلەرنى ياساڭلار؛ چۈنكى ئۇ جازالانمىسا بولمايدىغان
شەھەردۇر؛ ئۇنىڭدا بارلىق ئىشلار زۇلۇم-زومىگەرلىكتۇر. 7 قۇدۇق ئۆز
سۈلىرىنى ئۇرغۇتۇپ چىقارغاندەك، ئۇمۇ رەزىللىكلىرىنى ئۇرغۇتۇپ
چىقارماقتا؛ ئۇنىڭدىن زۇلمەت-زوراۋانلىق ۋە ھالاكەت سادالىرى
ئاڭلانماقتا؛ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھەمىشە ئاغرىق-كېسەللەر ھەم
يارىلانغانلار پەيدا بولماقتا. 8 ئى يېرۇسالېم، تەلىم-تەربىيە قوبۇل
قىل؛ بولمىسا جېنىم سەندىن ۋاز كېچىدۇ، ــ بولمىسا، مەن سېنى
خارابىلىك، ئادەمزاتسىز بىر زېمىن قىلىۋېتىمەن.
9 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دەيدۇ:
ــ ئۇلار ئۈزۈم تېلىنى پاساڭدىغۇچىلاردەك ئىسرائىلنىڭ قالدىسىنى
پاساڭدايدۇ؛ شۇڭا سەن ئۈزۈم ئۈزگۈچىدەك ئۈزۈم تېلىدىكى شاخلار
ئۈستىدىن يەنە بىر قېتىم قولۇڭنى ئۆتكۈزگىن!
10 مەن: ــ مەن ھازىر كىمگە سۆز قىلىپ ئاگاھلاندۇراي؟ ئۇلاردىن
ئاڭلىغۇدەك زادى كىم بار؟ مانا، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى سۈننەت
قىلىنمىغان، ئۇلار ھېچ ئاڭلىيالمايدۇ. مانا، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى

---

7:6 **«قۇدۇق ئۆز سۈلىرىنى ئۇرغۇتۇپ چىقارغاندەك، ئۇمۇ رەزىللىكلىرىنى ئۇرغۇتۇپ چىقارماقتا»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «قۇدۇق ئېقىن سۈنى ساقلىغاندەك، ئۇ رەزىللىكلىرىنى ساقلىماقتا».

9:6 **«ئۇلار ئۈزۈم تېلىنى پاساڭدىغۇچىلاردەك ئىسرائىلنىڭ قالدىسىنى پاساڭدايدۇ؛ شۇڭا سەن ئۈزۈم ئۈزگۈچىدەك ئۈزۈم تېلىدىكى شاخلار ئۈستىدىن يەنە بىر قېتىم قولۇڭنى ئۆتكۈزگىن!»** ــ بۇ سىرلىق جۈملىنىڭ مەنىسى بەلكىم، يەرەميا پەيغەمبەر خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن، كېلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ھېچنەرسە قالدۇرمايدىغان بۇلاڭ-تالاڭلىرىدىن **ئىلگىرى** ئىسرائىلنىڭ «قالدىسى»دىن تېخى بەزى كىشىلەرنى قۇتقۇزۇشمۇ مۇمكىن، دېگەنلىك.

**9:6** يەش. 13:24

ئۇلارغا ئېغىر كېلىدۇ؛ ئۇلارغا ھېچ خۇشياقمايدۇ، ــ دېدىم.
11 ــ قەلبىم پەرۋەردىگارنىڭ غەزەپ ئوتلىرى بىلەن تولۇپ تاشتى؛ ئۇنى
ئىچىمگە سىغدۇرۇشتىن ھالسىراپ كەتتىم؛ ئۇنى كوچىدىكى بالىلار،
يىگىتلەرنىڭ مەشرەپ سورۇنلىرىغا تۆككەيسەن. ئەر-ئاياللار، قېرىلار
ھەم ياشانغانلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىسۇن!
12 ــ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى، ئېتىزلىرى ئاياللىرى بىلەن بىللە ئۆزگىلەرگە
تاپشۇرۇلىدۇ؛ چۈنكى مەن قولۇمنى زېمىندىكىلەرگە سوزىمەن، ــ
دەيدۇ پەرۋەردىگار.
13 ــ چۈنكى ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئاچكۆزلۈككە بېرىلگەن؛ پەيغەمبەردىن كاھىنغىچە ھەممىسى
ئوخشاشلا ئالدامچىلىق قىلىدۇ؛ 14 ئۇلار: «ئامان-ئېسەنلىك! ئامان-
ئېسەنلىك!» دەپ خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ يارىسىنى سۇسلۇق بىلەن
قول ئۇچىدا چالا تېڭىپ قويىدى. لېكىن ئامان-ئېسەنلىك يوقتۇر!
15 ئۇلار يىرگىنچلىك ئىشلارنى سادىر قىلغىنىدىن خىجىل بولدىمۇ؟
ــ ياق، ئۇلار ھېچ خىجىل بولمىدى، ھەتتا قىزىرىشنىمۇ ئۇلار ھېچ
بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يىقىلىپ ئۆلگەنلەر ئىچىدە يىقىلىپ ئۆلىدۇ؛
ئۇلارنى جازالاشقا كەلگىنىمدە ئۇلار پۇتلىشىپ كېتىدۇ، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار.

---

10:6 **«مەن: ــ مەن ھازىر كىمگە سۆز قىلىپ ئاگاھلاندۇراي؟... ئۇلارغا ھېچ خۇشياقمايدۇ، ــ دېدىم»** ــ «مەن» (سۆزلىگۈچى) ۋە «دېدىم» دېگەن سۆزلەر ئەسلىدىكى تېكىستتە يوق، ئوقۇرمەنلەرگە تېكىستنى چۈشىنىشلىك بولسۇن دەپ كىرگۈزدۇق. چۈنكى بىزنىڭچە ئېيتىلغان گەپ پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭكى ئىدى.

**10:6** يەر. 26:7

**11:6** **«قەلبىم پەرۋەردىگارنىڭ غەزەپ ئوتلىرى بىلەن تولۇپ تاشتى»** ــ شۈبھىسىزكى، يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىگە قاراتقان غەزىپىگە ئۆزىنى بىر قىلىپ، پەرۋەردىگاردىن غەزىپىنى ئۇلارغا تۆكۈشنى تىلەيدۇ.

**12:6** قان. 30:28

**13:6** يەش. 11:56؛ يەر. 10:8

**14:6** يەر. 11:8؛ ئەز. 10:13

**15:6** **«جازالاشقا كەلگىنىمدە»** ــ ئىبرانىي تىلدا «يوقلىغىنىمدا» دېيىلىدۇ. «يەرەمىيا»دىكى

16 شۇڭا پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەر تۆت ئاچا يولدا
تۇرۇۋاتىسىلەر؛ شۇڭا يولۇڭلارنى ئوبدان كۆرۈپ قويۇڭلار، قەدىمكى،
ياخشىلىققا ئېلىپ بارغان يوللارنى سوراپ، ئۇلاردا مېڭىڭلار؛ شۇنداق
قىلغاندا جېنىڭلار ئوبدان ئارام تاپىدۇ. لېكىن ئۇلار: «بىز شۇلاردا
ماڭمايمىز!» ــ دەيدۇ.
17 مەن: سىلەرگە «كانايىنىڭ ئاگاھ ساداسىغا قۇلاق سېلىڭلار!»
دەيدىغان ئاگاھ بەرگۈچى كۆزەتچىلەرنى تىكلىدىم؛ لېكىن سىلەر:
«قۇلاق سالمايمىز» دېدىڭلار.
18 شۇڭا ئى ئەللەر، ئاڭلاڭلار؛ گۇۋاھچىلار بولۇپ ئۇلار ئارىسىدا
بولىدىغان ئىشلارنى بىلىپ قويۇڭلار! 19 ئاڭلا، ئى يەر-زېمىن! قارا،
مەن بۇ خەلقنىڭ بېشىغا كۈلپەت، يەنى ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرىنىڭ
ئاقىۋىتىنى چۈشۈرىمەن؛ چۈنكى ئۇلار سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىغان؛
مېنىڭ تەۋرات-قانۇنۇمنى بولسا، ئۇلار چەتكە قاققان.
20 ــ ئەمدى زادى نېمە مەقسەتتە شېبادىن چىققان خۇشبۇي، يىراق
يۇرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن ئېگىر ماڭا سۇنۇلىدۇ؟ كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلىرىڭلار قوبۇل قىلارلىق ئەمەس، سىلەرنىڭ «تەشەككۈر
قۇربانلىق»لىرىڭلار مېنى خۇرسەن قىلمايدۇ.
21 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن بۇ خەلق ئالدىغا
پۇتلىكاشاڭلارنى سالىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ھەم ئاتىلار ھەم ئوغۇللار
بىللە پۇتلىشىدۇ؛ قوشنىلار ۋە دوستلار ئوخشاشلا نابۇت بولىدۇ.
22 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ قارا، شىمالىي زېمىندىن بىر خەلق
كېلىدۇ، يەر يۈزىنىڭ ئەڭ قەرىلىرىدىن ئۇلۇغ بىر ئەل قوزغىلىدۇ؛

---

«(يېنىغا) كېلىپ... جازالاش» دېگەن سۆز ئادەتتە ئىبرانىي تىلىدا «يوقلاش» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**16:6** مات. 29:11

**18:6 «شۇڭا ئى ئەللەر، ئاڭلاڭلار»** ــ «ئەللەر»، يەھۇدىي ئەمەس ئەللەر. «گۇۋاھچىلار بولۇپ...» باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەي، جامائەت(چىلىك)،...».

**20:6** يەش. 11:1؛ 3:66؛ ئام. 21:5؛ مك. 6:6-8

**22:6** يەر. 41،42،43:50

[23] ئۇلار ئوقيا ۋە قىلىچ بىلەن قوراللىنىدۇ؛ ئۇلار زالىم، ھېچ رەھىم
قىلمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئاۋازى دېڭىز دولقۇنىدەك شاۋقۇنلايدۇ؛ ئۇلار
ئاتلارغا مىنىدۇ، جەڭگىۋار ئادەملەردەك سەپ-سەپ بولۇپ تۇرىدۇ؛
ئۇلار ساڭا قارشى جەڭ قىلىشقا كېلىدۇ، ئى زىئون قىزى!
[24] «بىز ئۇلار توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلىدۇق؛ قولىمىز بوشىشىپ كەتتى؛
غەشلىك، تولغاقتا قالغان ئايالدەك ئازاب بىزنى تۇتتى» ــ دېدىم.
[25] «دالاغا چىقماڭلار، يوللار بىلەن ماڭماڭلار، چۈنكى دۈشمەننىڭ
قىلىچى بار، تەرەپ-تەرەپلەرنى ۋەھىمە باستى. [26] ئى خەلقىمنىڭ
قىزى، سەن ئۆزۈڭگە بۆز كىيىم كىيىۋال، كۈللەر ئىچىدە ئېغىناپ يات؛
ئۆزۈڭنىڭ بىر تال ئوغلۇڭدىن جۇدا بولغاندەك قاتتىق يىغلاپ ماتەم
تۇت؛ چۈنكى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچى بىزگە قاراپ تۇيۇقسىز كېلىدۇ».
[27] پەرۋەردىگار ماڭا: ــ مەن سېنى رودا سىنىغۇچى قىلىپ تىكلىدىم،
خەلقىم بولسا خۇددى تەكشۈرۈلىدىغان رودىدەك بولىدۇ؛ سېنى
ئۇلارنىڭ يوللىرىنى كۆزىتىپ سىناشقا تىكلىدىم، ــ دېدى.
[28] ــ ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاسىينىڭ ئاسىيسى، ئۇلار تۆھمەت چاپلاپ
ئۇيان-بۇيان قاتراپ يۈرمەكتە؛ ئۇلار مىس ۋە تۆمۈرنىڭ ئۆزىدۇر،
ھەممىسى چىرىپ كەتكەندۇر؛ [29] تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىمۇ كۆيۈپ
كەتتى، قوغۇشۇن بولسا ئوتتا يەم بولدى؛ رودىنى ئېرىتىپ
تاۋلاش بىكار بولدى؛ خەلقىم يامانلاردىن خالىي بولمىدى. [30] ئۇلار

**24:6** يەر. 31:4؛ 24:49؛ 43:50

**26:6 «ئۆزۈڭگە بۆز كىيىم كىيىۋال...»** ــ بۆز كىيىم كىيىش، كۈللەر ئىچىدە ئولتۇرۇش ياكى يېتىش قاتتىق ماتەم تۇتۇشنى ياكى توۋا قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**26:6** يەر. 8:4

**28:6 «ئۇلار مىس ۋە تۆمۈرنىڭ ئۆزىدۇر»** ــ بەلكىم خەلقنىڭ تاش كۆڭۈللۈكلىكىنى ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ «چىرىپ كەتكەنلىكى»نىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئۇلار تاۋلىغۇچى ئىزدىگەن ئالتۇن-كۈمۈش ئەمەس.

**28:6** ئەز. 18:22

**29:6 «تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىمۇ كۆيۈپ كەتتى، قوغۇشۇن بولسا ئوتتا يەم بولدى؛ رودىنى ئېرىتىپ تاۋلاش بىكار بولدى؛ خەلقىم يامانلاردىن خالىي بولمىدى»** ــ بۇ ئايەتتىكى

«داشقال كۈمۈش» دەپ ئاتىلىدۇ؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنى رەت
قىلدى.

## بىھۇدە دىنىي مۇراسىملار

7 [1] پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا مۇنداق بىر سۆز كەلدى: ــ
[2] پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى دەرۋازىدا تۇرۇپ مۇشۇ سۆزنى
جاكارلاپ: «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئى پەرۋەردىگارغا
ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ دەرۋازىلاردىن كىرىۋاتقان بارلىق
يەھۇدالار!» ــ دېگىن. [3] ــ «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ يوللىرىڭلار
ھەم قىلمىشلىرىڭلارنى تۈزىتىڭلار؛ شۇنداق بولغاندا مەن سىلەرنى
مۇشۇ يەردە مۇقىم تۇرغۇزىمەن. [4] «پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى دەل
مۇشۇدۇر!» دەپ ئالدامچى سۆزلەرگە تايىنىپ كەتمەڭلار. [5] ئەگەر سىلەر
ھەقىقەتەن يوللىرىڭ ھەم قىلمىشلىرىڭلارنى تۈزەتسەڭلار، ــ ئەگەر
كىشىلەر ۋە قوشنىڭلار ئارىسىدا ئادالەت يۈرگۈزسەڭلار، [6] ــ ئەگەر سىلەر

---

سۆزلەر يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ پەرۋەردىگار ئۆزىگە تاپىلىغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارغا بەرگەن جاۋابى بولسا كېرەك (28-ئايەتنى كۆرۈڭ). كۈمۈشنى تاۋلىغاندا، تاۋلىغۇچى قوشقان قوغۇشۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ داشقىلى بىرلىشىدۇ ئاندىن قوغۇشۇن ۋە كۈمۈشنىڭ داشقىلىنىڭ كۆيۈپ تۈگىشى بىلەن كۈمۈش تاۋلىنىدۇ. لېكىن ئىسرائىل ئىنتايىن ناچار كۈمۈشتەك بولۇپ، خەلقنىڭ «داشقال»ى تولىمۇ كۆپ بولغاچقا، تاۋلاش جەريانى بىكارغا كەتتى. «قوغۇشۇن ئىشلىتىلىپ تۈگەپ بولدى»، ھەتتا «كۈمۈشچىنىڭ ئوتنى پۈۋلەيدىغان كۆرۈكى»مۇ كۆيۈپ كەتتى.

**30:6** يەش. 22:1

**3:7** يەر. 3:7؛ 11:18؛ 13:26

**4:7 «پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى دەل مۇشۇدۇر!»** ــ شۈبھىسىزكى، ئىسرائىللار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى بىرخىل «تىلتۇمار»دەك، «خۇدا بىزگە ئۆز ئىبادەتخانىسىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، نېمە يامانلىق قىلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر ھېچكىم بىزگە تەگمەيدۇ» ــ دېگەندەك ئويلىغانىدى.

**5:7** يەر. 28:5

مۇساپىر، يېتىم-يېسىر ھەم تۇل خوتۇنلارنى بوزەك قىلىشتىن، مۇشۇ
يەردە گۇناھسىز قانلارنى تۆكۈشتىن، ــ شۇنداقلا ئۆزۈڭلارغا زىيان
يەتكۈزۈپ، باشقا ئىلاھلارغا ئەگىشىپ كېتىشتىن قول ئۈزسەڭلار، ــ
[7] شۇنداق قىلغىنىڭلاردا مەن سىلەرنى مۇشۇ يەردە، يەنى مەن ئاتا-
بوۋىلىرىڭلارغا قەدىمدىن تارتىپ مەڭگۈگىچە تەقدىم قىلغان بۇ
زېمىندا مۇقىم تۇرىدىغان قىلىمەن.
[8] لېكىن مانا، سىلەر ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمەيدىغان ئالدامچى
سۆزلەرگە تايىنىپ كەتكەنسىلەر. [9] ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟! ئوغرىلىق،
قاتىللىق، زىناخورلۇق قىلىپ، ساختا قەسەم ئىچىپ، بائالغا ئىسرىق
يېقىپ ۋە سىلەر ھېچ تونۇمىغان يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ، [10] ئاندىن
مېنىڭ نامىمدا ئاتالغان مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇپ:
«بىز قۇتقۇزۇلغان!» دەمسىلەر؟! مۇشۇ لەنەتلىك ئىشلاردا تۇرۇۋېرىش
ئۈچۈن قۇتقۇزۇلغانمۇسىلەر؟! [11] مېنىڭ نامىمدا ئاتالغان مۇشۇ ئۆي
سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسىمۇ؟! مانا، مەن ئۆزۈم بۇ
ئىشلارنى كۆرگەنمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[12] شۇڭا، مەن ئەسلىدە ئۆز نامىمدا تۇرالغۇ قىلغان شىلوھ دېگەن
جايغا بېرىپ، خەلقىم ئىسرائىلنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن ئۇنى
نېمە قىلىۋەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار! [13] ئەمدى ھازىر، سىلەر
مۇشۇنداق قىلمىشلارنى سادىر قىلغىنىڭلار تۈپەيلىدىن، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار، ــ مەن سىلەرگە تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ سۆز
قىلىپ كەلدىم، لېكىن سىلەر ھېچ قۇلاق سالمىدىڭلار؛ مەن سىلەرنى

---

**6:7** يەش. 1:10، 2؛ 7:59

**9:7 «بائالغا ئىسرىق يېقىپ...»** ــ «بائال» دېگەن ئىنتايىن يىرگىنچلىك بىرخىل بۇت.

**11:7** مات. 13:21؛ مار. 17:11؛ لۇقا 46:19

**12:7 «مەن ئەسلىدە ئۆز نامىمدا تۇرالغۇ قىلغان شىلوھ دېگەن جايغا بېرىپ، ... ئۇنى نېمە قىلىۋەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار!»** ــ ئىسرائىل قانائانغا (پەلەستىنگە) كىرگەندىن كېيىن، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياسالغان «مۇقەددەس چېدىر» ئاۋۋال شىلوھ دېگەن جايغا تىكلەنگەن. «1شام.» 4-بابنى كۆرۈڭ.

**12:7** 1سام. 11:4؛ زەب. 60:78

چاقىردىم، لېكىن سىلەر ماڭا جاۋاب بەرمىدىڭلار ــ [14] ئەمدى مەن
شىلوھدىكى ئۆيىنى قانداق قىلغان بولسام، سىلەر تايانغان، شۇنداقلا
نامىم قويۇلغان بۇ ئۆيىنى ۋە مەن سىلەرگە ھەم ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا
تەقدىم قىلغان بۇ زېمىنىنىمۇ شۇنداق قىلىمەن؛ [15] مەن سىلەرنىڭ
بارلىق قېرىنداشلىرىڭلار، يەنى ئەفرائىمنىڭ بارلىق نەسلىنى
ھەيدىۋەتكىنىمدەك سىلەرنىمۇ كۆزۈمدىن يىراق ھەيدەيمەن.
[16] ئەمدى سەن، يەرەمىيا، بۇ خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلما، ئۇلار ئۈچۈن نالە-
پەرياد كۆتۈرمە ياكى تىلەك تىلىمە، مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ
گۇناھلىرىنى ھېچ تىلىمە، چۈنكى مەن ساڭا قۇلاق سالمايمەن.
[17] ئۇلارنىڭ يەھۇدا شەھەرلىرىدە ۋە يېرۇسالېم كوچىلىرىدا نېمە
قىلغانلىرىنى كۆرۈۋاتماسەن؟ [18] باللار ئوتۇن تېرىدۇ، ئاتىلار ئوت
قالايدۇ، ئاياللار قەستەن مېنى رەنجىتىشكە «ئاسماننىڭ خانىشى»
ئۈچۈن پوشكاللارنى سېلىشقا خېمىرنى يۇغۇرىدۇ، شۇنىڭدەك
يات ئىلاھلارغا شاراب ھەدىيەلىرىنى قۇيىدۇ. [19] ئازابلىنىپ
غەزەپلىنىدىغىنى مەنمۇ؟ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ ئۆز يۈزلىرىگە شەرم
چاپلاپ، ئازابلىنىدىغىنى ئۆزلىرى ئەمەسمۇ؟ [20] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مېنىڭ غەزىپىم ۋە قەھرىم مۇشۇ جايغا

---

**13:7 «مەن سىلەرگە تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ سۆز قىلىپ كەلدىم»** ــ خۇدانىڭ «تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ،... » دېگەن سۆزلىرى بەلكىم ئۇنىڭ ئىشتىن خېلى ئاۋۋال، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىش كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قايتا-قايتا، ئىزچىل ھالدا مەلۇم بىر ئىشنى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**13:7** 2تار. 15:36؛ پەند. 24:1؛ يەش. 12:65؛ 4:66؛ يەر. 21:7-28

**14:7 «مەن شىلوھدىكى ئۆيىنى قانداق قىلغان بولسام، سىلەر تايانغان، شۇنداقلا نامىم قويۇلغان بۇ ئۆيىنى ۋە مەن سىلەرگە ھەم ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا تەقدىم قىلغان بۇ زېمىنىنىمۇ شۇنداق قىلىمەن»** ــ خۇدا دۈشمەنلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن شىلوھ دېگەن جايدىكى مۇقەددەس چېدىرنى ئۆز شان-شەرىپىدىن جۇدا قىلغان ۋە شۇنداقلا ئىسرائىلنى مەغلۇپ قىلغان («1سام.» 4-باب، «زەب.»، 40:78نى كۆرۈڭ).

**16:7** مىس. 10:32؛ يەر. 14:11؛ 11:14

**18:7 «ئاسماننىڭ خانىشى»** ــ دېمىسەكمۇ، «ئاسماننىڭ خانىشى» بىرخىل ئايال بۇت ئىدى.

**18:7** يەش. 11:65؛ يەر. 2:8؛ 13:19؛ 19:44؛ يەر. 19:44

**تۆكۈلىدۇ؛ ئىنسان ئۈستىگە، ھايۋان ئۈستىگە، دالادىكى دەرەخلەر
ئۈستىگە، تۇپراقتىكى مېۋىلەر ئۈستىگە تۆكۈلىدۇ؛ ئۇ ھەممىنى
كۆيدۈرىدۇ، ئۇنى ھېچ ئۆچۈرەلمەيدۇ.
21 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ بېرىۋېرىڭلار، كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلىرىڭلارنى باشقا قۇربانلىقلارغا قوشۇپ قويۇڭلار،
بارلىق گۆشلىرىنى يەۋېلىڭلار! 22 چۈنكى مەن ئۇلارنى مىسىر
زېمىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىقارغان كۈنىدە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا
«كۆيدۈرمە قۇربانلىق»لار ياكى باشقا قۇربانلىقلار توغرىسىدا
گەپ قىلمىغان ۋە ياكى ئەمر بەرمىگەنىدىم؛ 23 بەلكى مەن
ئۇلارغا مۇنداق ئەمر قىلىپ: «ئاۋازىمغا قۇلاق سېلىڭلار،
شۇنداق قىلىپ مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن، سىلەر
مېنىڭ خەلقىم بولىسىلەر؛ مەن ئۆزۈڭلارغا ياخشىلىق بولسۇن
دەپ بۇيرۇغان بارلىق يولدا مېڭىڭلار» ــ دەپ بۇيرۇغانىدىم.
24 لېكىن ئۇلار ھېچ ئاڭلىمىغان، ماڭا ھېچ قۇلاق سالمىغان،
بەلكى ئۆز رەزىل كۆڭلىدىكى جاھىللىقى بىلەن ئۆز خىيال-
خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ مېڭىۋەرگەن؛ ئۇلار ئالدىغا ئەمەس،
بەلكى كەينىگە ماڭغان. 25 ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مىسىر زېمىنىدىن**

---

21:7 **«بېرىۋېرىڭلار، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭلارنى باشقا قۇربانلىقلارغا قوشۇپ قويۇڭلار، بارلىق گۆشلىرىنى يەۋېلىڭلار!»** ــ ئوقۇرمەنلەر بەلكىم بىلىدۇكى، «كۆيدۈرمە قۇربانلىق»لارنىڭ بارلىق گۆشلىرى «خۇداغا پۈتۈنلەي ئىبادەت سۈپىتىدە ئاتالسۇن» دەپ قۇربانگاھ ئۈستىدە كۆيدۈرۈلەتتى. مۇشۇ يەردە مۇقەددەس روھ يەرەمىيا ئارقىلىق: «قۇربانلىقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتسىز، شۇڭا «كۆيدۈرمە قۇربانلىق»لارنىڭ گۆشلىرىنى كۆيدۈرسەڭلارمۇ، يېسەڭلارمۇ، ماڭا بەربىر» دەپ ئىسرائىلغا ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ قىلىدۇ.

**21:7** يەش. 11:1؛ يەر. 20:6؛ ئام. 21:5

**23:7** مىس. 5:19؛ لاۋ. 12:26؛ قان. 3:6

24:7 **«ئۇلار ئالدىغا ئەمەس، بەلكى كەينىگە ماڭغان»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار ماڭا يۈز ئالدىنى قىلماي، بەلكى ماڭا كەينىنى قىلغان».

**24:7** يەر. 27:2؛ 17:3؛ 12:16؛ 33:32

چىققاندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مەن قۇللىرىم بولغان
پەيغەمبەرلەرنى يېنىڭلارغا ئەۋەتىپ كەلدىم؛ مەن ھەركۈنى
تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارنى ئەۋەتىپ كەلدىم. [26]لېكىن
خەلقىم ئاڭلىمىغان، ھېچ قۇلاق سالمىغان؛ ئۇلار بويىنىنى قاتتىق
قىلغان؛ رەزىللىكتە ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. [27]سەن بۇ
سۆزلەرنى ئۇلارغا ئېيتىسەن؛ لېكىن ئۇلار ساڭا قۇلاق سالمايدۇ؛ سەن
ئۇلارنى توۋلا قىلىشقا چاقىرىسەن، لېكىن ئۇلار جاۋاب بەرمەيدۇ.
[28]ــ سەن ئۇلارغا: ــ «پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان
ۋە ھېچ تۈزىتىشنى قوبۇل قىلمىغان خەلق دەل مۇشۇ!» ــ دەيسەن.
ئۇلاردىن ھەقىقەت-ۋاپالىق يوقاپ كەتتى؛ بۇ ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىنمۇ
ئۈزۈلۈپ كەتتى.

## خۇدا يەنە يەھۇداغا سۆز قىلىدۇ

[29]چېچىڭنى چۈشۈرۈپ ئۇنى تاشلىۋەت؛ يۇقىرى جايلاردا بىر مەرسىيە
ئوقۇغىن؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز غەزىپىنى چۈشۈرمەكچى بولغان بۇ
دەۋرنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتى. [30]چۈنكى يەھۇدادىكىلەر
كۆز ئالدىمدا رەزىللىك قىلغان، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ ئۇلار مېنىڭ
نامىمدا ئاتالغان ئۆيگە يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى ئەكىرىپ ئۇنى
بۇلغىغان؛ [31]ۋە ئۆز ئوغۇل-قىزلىرىنى ئوتتا قۇربانلىق قىلىپ
كۆيدۈرۈش ئۈچۈن «ھىننومنىڭ ئوغلى»نىڭ جىلغىسىدىكى
توفەتنىڭ يۇقىرىدىكى جايلارنى قۇرغان؛ بۇنداق ئىشنى مەن ھېچ

---

**26:7** نەھ. 17،29:9؛ يەر. 23:17؛ 15:19
**28:7** يەر. 5:1-3
**29:7** ئايۇپ 20:1؛ يەش. 2:15؛ يەر. 6:16

بۇيرۇمىغانمەن، ئۇ ئويۇمغا ھېچ كىرىپ باقمىغاندۇر. [32] شۇڭا، مانا،
شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ «توفەت» ياكى
«ئىبن-ھىننومنىڭ جىلغىسى» ئەمدى ھېچ تىلغا ئېلىنمايدۇ، بەلكى
«قەتل جىلغىسى» دېيىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار توفەتتە جەسەتلەرنى يەر
قالمىغۇچە كۆمىدۇ. [33] بۇ خەلقنىڭ جەسەتلىرى ئاسماندىكى ئۇچار-
قاناتلارنىڭ ۋە زېمىندىكى جانىۋارلارنىڭ تائامى بولىدۇ؛ ئۇلارنى
ئۈركۈتۈپ قوغلايدىغان ھېچكىم بولمايدۇ. [34] مەن يەھۇدا
شەھەرلىرىدىن ھەم يېرۇسالېم شەھەرلىرىدىن ئويۇن-تاماشىنىڭ
ساداسىنى، شاد-خۇراملىق ساداسىنى ۋە تويى بولۇۋاتقان يىگىت-
قىزنىڭ ئاۋازىنى مەھرۇم قىلىمەن؛ چۈنكى زېمىن ۋەيرانە بولىدۇ.

## 8

[1] شۇ چاغدا، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ ئۇلار يەھۇدانىڭ
پادىشاھلىرىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ
ئۇستىخانلىرىنى، كاھىنلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ
ئۇستىخانلىرىنى ۋە يېرۇسالېمدا تۇرغانلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى
گۆرلىرىدىن ئېلىپ چىقىرىدۇ؛ [2] شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇلارنى قۇياش،
ئاي ۋە ئاسمانلاردىكى بارلىق جىسىملار ئاستىدا يايىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار

31:7 **«توفەت»** ــ «توفەت» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «ئوچاق» ھەم «ئۇيات» دېگەننىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە «تۈكۈرۈك» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ يەر «ھىننومنىڭ ئوغلى (ئىبن-ھىننوم)نىڭ جىلغىسى»غا جايلاشقان، يېرۇسالېم شەھرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ئىدى. خەلق ئاشۇ يەردە ئەخلەتلەرنى ۋە ناپاك نەرسىلەرنى تاشلاپ كۆيدۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنتايىن «ھارام»، ئەڭ بۇلغانغان جاي دەپ ھېسابلاندى.

—«يۇقىرى جايلار» ــ ئىسرائىل ۋە يەھۇدا ئۇزۇندىن بېرى تاغ چوققىلىرى قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ھەتتا ئاشۇ جايلاردا «ئىنسان قۇربانلىق»لارنى قىلىپ كەلگەن. دېمىسەكمۇ، «ئىنسان قۇربانلىقى» قىلىش تەۋراتتا قەتئىي مەنئى قىلىنغان. «بۇنداق بىر ئىشنى مەن ھېچ بۇيرۇمىغانمەن، ھېچ ئويۇمغا كىرىپ باقمىغاندۇر».

**31:7** 2پاد. 10:23؛ يەر. 23:2؛ 5:19، 6

**33:7** قان. 26:28؛ يەر. 20:34

**34:7** يەش. 7:24؛ يەر. 9:16؛ 10:25؛ ئەز. 13:26؛ ھوش. 13:2

بۇلارنى سۆيگەن، بۇلارنىڭ قۇللۇقىدا بولغان، بۇلارغا ئەگەشكەن،
بۇلارنى ئىزدىگەن، بۇلارغا چوقۇنغان؛ ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى بىر
يەرگە ھېچ يىغىلمايدۇ، ھېچ كۆمۈلمەيدۇ؛ ئۇلار زېمىن يۈزىدە ئوغۇت
بولۇپ ياتىدۇ. [3] مەن بۇلاردىن قالغانلىرىنى ھەيدىگەن جايلاردا، بۇ
رەزىل جەمەتتىن بارلىق تىرىك قالغانلار ھاياتنىڭ ئورنىغا ماماتنى
تاللايدۇ، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.

## خۇدادىن ۋاز كېچىش ھالاكەتنى ئىزدىگەنلىك بىلەن باراۋەر

[4] ئەمدى سەن ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ئادەملەر يىقىلسا قايتىدىن تۇرمامدۇ؟ بىرسى يولدىن چىقىپ كەتسە
قايتىپ كەلمەمدۇ؟ [5] نېمىشقا يېرۇسالېمدىكى بۇ خەلق ھەمىشە يولدىن
چىقىش بىلەنلا يېنىمدىن يىراقلاپ كېتىدۇ؟ ئۇلار ئالدامچىلىقنى
چىڭ تۇتىدۇ، يېنىمغا قايتىپ كېلىشنى رەت قىلىدۇ. [6] مەن كۆڭۈل
قويۇپ ئاڭلىدىم؛ لېكىن ئۇلار دۇرۇسلۇقنى سۆزلىمەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ
رەزىللىكلىرىدىن: «مەن زادى نېمىلەرنى قىلىپ قويدۇم؟!» دەپ توۋا
قىلىدىغان ھېچكىم يوق؛ ئات جەڭگە بۇرۇلۇپ ئېتىلغاندەك ھەربىرسى
ئۆز يولىغا بۇرۇلۇپ ئېتىلىدۇ. [7] ھەتتا ئاسماندىكى لەيلەكمۇ ئۆزىگە
بېكىتىلگەن ۋاقىتلىرىنى بىلىدۇ؛ پاختەك، قارلىغاچ ۋە تۇرنىلارمۇ
كۆچۈپ كېلىدىغان ۋاقىتلىرىنى ئېسىدە تۇتىدۇ؛ لېكىن مېنىڭ
خەلقىم مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارغا بېكىتكەنلىرىمنى ھېچ بىلمەيد
ۇ. [8] سىلەر قانداقمۇ: «بىز دانادۇرمىز، پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات-قانۇنى
بىزدە باردۇر!» دەيسىلەر؟ مانا، بەرھەق، ئۆلىما-كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ
يالغانچى قەلىمى ئۇنى بۇرمىلىغان. [9] دانىشمەنلەر خىجىل بولىدۇ،

---

**2:8** يەر. 18:7؛ 13:19

**7:8** يەر. 4:5؛ 5

**8:8** **«ئۆلىما-كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ يالغانچى قەلىمى ئۇنى بۇرمىلىغان»** — «ئۆلىما-كۆچۈرگۈچىلەر»نىڭ رولى بەلكىم تەۋرات-قانۇننى كۆچۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا شەرھ بېرىش بولۇشى مۇمكىن. «باسمىخانىلار» بولمىغاچقا تەۋراتنى كۆچۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت، ئەلۋەتتە.

ئۇلار يەرگە قاراپ قالدى؛ مانا، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى چەتكە
قاققاندىن كېيىن، ئۇلاردا زادى نېمە دانالىق قالدۇ؟ [10] شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ
ئاياللىرىنى باشقىلارغا، ئۇلارنىڭ ئېتىزلىرىنى يېڭى ئىگىلىرىگە
تاپشۇرۇپ بېرىمەن؛ چۈنكى ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئاچكۆزلۈككە بېرىلگەن؛ پەيغەمبەردىن كاھىنغىچە
ھەممىسى ساختا ئىش كۆرىدۇ. [11] ئۇلار: «ئامان-ئېسەنلىك! ئامان-
ئېسەنلىك!» دەپ خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ يارىسىنى سۈسلۈق بىلەن
قول ئۇچىدا چالا تېڭىپ قويىدى. لېكىن ئامان-ئېسەنلىك يوقتۇر!
[12] ئۇلار يىرگىنچلىك ئىشلارنى سادىر قىلغىنىدىن خىجىل بولدىمۇ؟
ــ ياق، ئۇلار ھېچ خىجىل بولمىدى، ھەتتا قىزىرىشنىمۇ ئۇلار ھېچ
بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يىقىلىپ ئۆلگەنلەر ئىچىدە يىقىلىپ ئۆلىدۇ؛
ئۇلارنى جازالاشقا كەلگىنىمدە ئۇلار پۇتلىشىپ كېتىدۇ، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار. [13] مەن ئۇلارنىڭ ھوسۇلىنى ئېلىپ تاشلايمەن، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار؛ ئۈزۈم تېلىدا ئۈزۈملەر، ئەنجۈر دەرىخىدە ئەنجۈرلەر
ھېچ قالمىدى؛ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ كەتتى؛ مەن ئۇلارغا نېمە
بېغىشلىغان بولسام، ئەمدى شۇلار ئۇلاردىن ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ.

## كېلىدىغان ھالاكەت ـ يەرەمىيا سۆز قىلىدۇ

[14] «بىز نېمىشقا مۇشۇ يەردە بىكار ئولتۇرۇۋېرىمىز؟ يىغىلايلى،
مۇستەھكەم شەھەرلەرگە كىرىپ شۇ يەرلەردە كۈرەش قىلىپ
تۈگىشەيلى! چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزنى تۈگەشتۈرۈپ، بىزگە
ئۆت سۈيىنى بەردى؛ چۈنكى بىز پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ سادىر

---

– ئوقۇرمەنلەر باشقا خىل تەرجىملىرىنى ئۈچرىتىشى مۇمكىن.

**10:8** يەش. 11:56؛ يەر. 15:6،14،13،12

13:8 **«...مەن ئۇلارغا نېمە بېغىشلىغان بولسام، ئەمدى شۇلار ئۇلاردىن ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ»**
ــ ئوقۇرمەنلەر باشقا خىل تەرجىملىرىنى ئۈچرىتىشى مۇمكىن.

**13:8** يەش. 5:1-7؛ مات. 19:21؛ لۇقا 13:6-9

قىلدۇق. [15] ئامان-تىنچلىقنى ئۈمىد قىلىپ كۈتۈپ كەلدۇق، لېكىن
ھېچ ياخشىلىق بولمىدى؛ شىپا ۋاقتىنى كۈتتۇق، لېكىن مانا، ۋەھىمە
باستى! [16] دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ خارتىلداشلىرى دان زېمىنىدىن تارتىپ
ئاڭلانماقتا؛ ئايغىرلىرىنىڭ كىشنەشلىرى پۈتكۈل زېمىننى قورقۇتۇپ
تەۋرەتمەكتە. ئۇلار زېمىن ۋە ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان ھەممىنى، شەھەرنى ۋە
ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىشقا كېلىدۇ!».
[17] ــ مانا، مەن ئاراڭلارغا يىلانلارنى، يەنى ھېچكىم سېھىرلىيەلمەيدىغان
زەھەرلىك يىلانلارنى ئەۋەتىمەن، ئۇلار سىلەرنى چاقىدۇ» ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار.

## پەيغەمبەرنىڭ نالە-پەريادى

[18] مەن: «مېنىڭ دەرد-ئەلەمىم داۋالىغۇسىز! يۈرىكىم زەيىپلىشىپ
كەتتى!» ــ دېدىم.

---

14:8 **«يىغىلايلى، مۇستەھكەم شەھەرلەرگە كىرىپ شۇ يەرلەردە كۆرەش قىلىپ تۈگىشەيلى»** ــ ياكى «يىغىلايلى، مۇستەھكەم شەھەرلەرگە كىرىپ شۇ يەرلەردە سۈكۈت قىلايلى!» ئىبرانىي تىلىدا «سۈكۈت قىلىش» ۋە «تۈگەشمەك» ئوخشاش بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. **«پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزنى تۈگەشتۈرۈپ،...»** ــ ياكى «پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بىزنى سۈكۈت قىلدۇرۇپ...». ئىبرانىي تىلىدا «سۈكۈت قىلىش» ۋە «ئۆلۈش، تۈگەش» بىرلا سۆز (دامام) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

14:8 يەر. 5:4؛ 15:9؛ 15:23

15:8 يەر. 19:14

16:8 **«دان زېمىنى»** ــ ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شىمالىي چېتىدە ئىدى؛ دېمەك، دۈشمەنلەر ئالدىقاچان شۇ زېمىنغا يېتىپ بولدى.

16:8 يەر. 15:4

17:8 **«مەن ئاراڭلارغا يىلانلارنى، يەنى ھېچكىم سېھىرلىيەلمەيدىغان زەھەرلىك يىلانلارنى ئەۋەتىمەن، ئۇلار سىلەرنى چاقىدۇ»** ــ بۇ يىلانلار شۈبھىسىزكى، كۆچمە مەنىدە بولۇپ دۈشمەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

17:8 زەب. 4:58، 5

18:8 **«مېنىڭ دەرد-ئەلەمىم داۋالىغۇسىز! يۈرىكىم زەيىپلىشىپ كەتتى!»** ــ بۇ سۆزلەر پەيغەمبەرنىڭ مەرسىيەسى بولۇشى كېرەك.

ــ**«مېنىڭ دەرد-ئەلەمىم داۋالىغۇسىز!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئى دەرد-ئەلەمىمگە تەسەللى بەرگۈچى!».

## پەرۋەردىگارنىڭ مەرسىيە سۆزلىرى

[19] «مانا، خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ ئىنتايىن يىراق يۇرتتىن كۆتۈرۈلگەن پەريادىنىڭ ساداسى! ئۇلار ــ «پەرۋەردىگار زىئوندا ئەمەسمۇ؟ زىئوننىڭ پادىشاھى ئۇ يەردە تۇرمامدۇ؟!» ــ دەيدۇ.
نېمىشقا ئەمدى ئۇلار مېنى ئويما مەبۇدلىرى بىلەن، ئەرزىمەس يات نەرسىلەر بىلەن غەزەپلەندۈردىغۇ؟!»

## خەلقىنىڭ بولىدىغان نالە-پەريادى

[20] ــ «ئورما ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، ياز تۈگىدى، لېكىن بىز بولساق يەنىلا قۇتقۇزۇلمىدۇق!»

## پەيغەمبەرنىڭ مەرسىيەسى

[21] «خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ سۇنۇق يارىسى تۈپەيلىدىن ئۆزۈم سۇنۇقمەن؛
ماتەم تۇتىمەن؛
دەككە-دۈككە مېنى بېسىۋالدى، ــ

---

19:8 ««مانا، خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ ئىنتايىن يىراق يۇرتتىن كۆتۈرۈلگەن پەريادىنىڭ ساداسى! ئۇلار ــ «پەرۋەردىگار زىئوندا ئەمەسمۇ؟ زىئوننىڭ پادىشاھى ئۇ يەردە تۇرمامدۇ؟!» ــ دەيدۇ» ــ بۇ سۆزلەر پەرۋەردىگارنىڭكى بولۇشى كېرەك؛ بولمىسا پەيغەمبەرنىڭكى بولىدۇ. ئاندىن بىز خەلقنىڭ پەريادىنى ئاڭلايمىز: ــ (ئۇلار... دەيدۇ).
—«ئىنتايىن يىراق يۇرتتىن كۆتۈرۈلگەن پەريادىنىڭ ساداسى!» ــ ياكى «زېمىندىكى ھەربىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن چىققان پەريادىنىڭ ساداسى!». «نېمىشقا ئەمدى ئۇلار مېنى ئويما مەبۇدلىرى بىلەن، ئەرزىمەس يات نەرسىلەر بىلەن غەزەپلەندۈردىغۇ؟!» ــ بۇ سۆزلەر پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرگە، شۇنداقلا ئىخلاسسىز خەلققە بەرگەن جاۋابىدۇر.
21:8 «خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ سۇنۇق يارىسى تۈپەيلىدىن ئۆزۈم سۇنۇقمەن؛ ماتەم تۇتىمەن؛ دەككە-دۈككە مېنى بېسىۋالدى» ــ ئوقۇرمەنلەرگە قايتىدىن تەكرارلاپ ئۇقتۇرىمىزكى، ماۋزۇلارنى (مەسىلەن مۇشۇ يەردە «پەيغەمبەرنىڭ مەرسىيەسى») ئۆزىمىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن دەپ قوشۇپ كىرگۈزدۇق. ئۇلار مۇقەددەس تېكىستنىڭ بىر قىسمى ئەمەس.
— 8-بابتىكى 21-ئايەتتىن 9-بابتىكى 2-ئايەتكىچە ھەممىسى يالغۇز يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ مەرسىيەسىمۇ، ياكى بۇنىڭ ئىچىدە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرى بارمۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، سۆزلەر

22 گىلېئادتا تۈتىيا تېپىلمامدىكەن؟
ئۇ يەردە تېۋىپ يوقمىكەن؟
نېمىشقا ئەمدى مېنىڭ خەلقىمنىڭ قىزىغا داۋا تېپىلمايدۇ؟!».

## داۋامى

9 1 ئاھ، مېنىڭ بېشىم سۇنىڭ بېشى،
كۆزۈم ياشنىڭ بۇلىقى بولسىئىدى!
ئۇنداقتا خەلقىمنىڭ قىزى ئارىسىدىكى ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز يىغلايتتىم!
2 ئاھ، مەن ئۈچۈن چۆل-باياۋاندا يولۇچىلار چۈشكىدەك بىر تۇرالغۇ بولسىئىدى!
ئۇنداقتا خەلقىمنى تاشلاپ، ئۇلاردىن ئايرىلغان بولاتتىم!
چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىناخورلار،
مۇناپىقلارنىڭ بىر جامائىتىدۇر!»

---

يالغۇز پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى بولسۇن، بولمىسۇن، شۈبھىسىزكى پەيغەمبەرنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىك سۆزلىرى ئوخشاشلا پەرۋەردىگارنىڭمۇ قايغۇ-ھەسرەتلىك سۆزىدۇر.
22:8 **«گىلېئادتا تۈتىيا تېپىلمامدىكەن؟»** — گىلېئاد رايونىدا ھەرخىل شىپالىق دورىلار ھەم ئۇستا تېۋىپلارنىڭ داڭقى بار ئىدى. بۇ سۆز: «جىسمانىي جەھەتتە پەرۋەردىگار سىلەر مېنىڭ خەلقىمگە شۇنداق رەھىمدىللىق قىلىپ، ئەتراپلىق ئويلاپ، شىپالىق دورىلارنى ۋە داڭلىق تېۋىپلارنى تەمىنلىگەن يەردە، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىمۇ سىلەرنىڭ ھەرخىل گۇناھىي كېسەللىرىڭلارنى ساقايتىشقا دورا-ئاماللىرى مول ئەمەسمۇ؟ — ئەمدى نېمىشقا سىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كەلمەيسىلەر؟!» دەپ سورىغان ئوخشايدۇ.
—بۇ 22-ئايەت سۆزلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز سۆزلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن.
**22:8** يار. 25:37؛ يەر. 11:46؛ 8:51
**1:9** يەش. 4:22؛ يەر. 19:4
2:9 **«ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىناخورلار،...»** — «زىناخورلار» بەلكىم روھىي جەھەتتىن ئېيتىلىدۇ، ئۇلار خۇداغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ بۇتلارغا چوقۇنۇپ كەتتى.
**2:9** يەر. 5:7، 8

## پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى

[3] ــ ئۇلار ئوقياچى لەشكەرلەر ئوقيايىنى ئېگىلدۈرگەندەك تىلىنى
يالغانچىلىققا ئېگىلدۈرۈشكە تەييارلىغان؛ ئۇلار زېمىندا ئۈستۈنلۈك
قازانغان، بىراق بۇ سەمىمىيلىك بىلەن بولغان ئەمەس؛ ئۇلار رەزىللىك
ئۈستىگە رەزىللىك قىلغان، مېنى ھېچ تونۇپ بىلمىگەن» ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار. [4] ــ ھەربىرىڭلار ئۆز يېقىنىڭلاردىن ھېزى بولۇڭلار،
قېرىنداشلىرىڭلارغا ھېچ تايانماڭلار؛ چۈنكى ھەربىر قېرىنداش
پەقەتلا ئالدىغۇچى، خالاس، ھەربىر يېقىنلىرىڭ بولسا تۆھمەتخورلۇقتا
يۈرمەكتە. [5] ئۇلار ھەربىرى ئۆز يېقىنلىرىغا ئالدامچىلىق قىلماقتا،
ھېچكىم ھەقىقەتنى سۆزلىمەيدۇ؛ ئۇلار ئۆز تىلىنى يالغان سۆزلەشكە
ئۆگەتتىدۇ، ئۇلار قەبىھلىكتە ئۆزلىرىنى ئۇپرىتىدۇ. [6] ئۇلار جەبىر-
زۇلۇم ئۈستىگە جەبىر-زۇلۇم قىلماقتا، ئالدامچىلىقتىن يەنە بىر
ئالدامچىلىققا ئۆتمەكتە؛ ئۇلار مېنى تونۇشنى رەت قىلىدۇ، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار.
[7] شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئۇلارنى ئېرىتىپ تاۋلاپ سىنايمەن؛ خەلقىمنىڭ
قىزىنىڭ رەزىللىكىگە ماڭا باشقا يول قالمىدىمۇ؟ [8] ئۇلارنىڭ تىلى
ئەجەل ئوقىدۇر؛ ئۇ ئالدامچىلىقنى سۆزلەيدۇ؛ ھەربىر ئېغىز سۆزىدە
يېقىنى بىلەن تىنچ-ئامانلىقنى سۆزلەيدۇ، لېكىن كۆڭلىدە قىلتاق

---

3:9 **«ئۇلار زېمىندا ئۈستۈنلۈك قازانغان، بىراق بۇ سەمىمىيلىك بىلەن بولغان ئەمەس...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇ زېمىندا ئۇلار غەلىبە قىلغان، بىراق بۇ ھەقىقەتنى تىكلەش ئۈچۈن ئەمەس...».

**3:9** يەش. 4،13،15:59؛ يەر. 7:6

**4:9** يەر. 28:6

6:9 **«ئۇلار قەبىھلىكتە ئۆزلىرىنى ئۇپرىتىدۇ 5-ئايەت»** ــ 5-ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى ھەم 6-ئايەتنىڭ باش قىسمىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار قەبىھلىك قىلىپ توۋانى ھېچ بىلمەيدۇ. (6) سەن (يەرەمىيا) ئالدامچىلىق ئارىسىدا تۇرۇۋاتىسەن؛ ئالدامچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلار مېنى تونۇشنى رەت قىلىدۇ...».

تەييارلايدۇ. [9]بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۇلارنى جازالىماي قويامدىمە؟ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مېنىڭ جېنىم مۇشۇنداق بىر ئەلدىن قىساس ئالماي قويامدۇ؟

## كېلىدىغان ئاپەت ئۈچۈن يەرەمىيا مەرسىيە ئوقۇيدۇ

[10] «تاغلاردىكى يايلاقلار ئۈچۈن يىغا ۋە نالە-پەرياد كۆتۈرىمەن،
دالادىكى ئوتلاقلار ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇيمەن؛
چۈنكى ئۇلار كۆيۈپ كەتتىكى، ھېچكىم ئۇ يەردىن ئۆتمەيدۇ؛
كالىلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى ئاڭلانمايدۇ؛
ھەم ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار ھەم ھايۋاناتلارمۇ قېچىپ،
شۇ يەردىن كەتتى!».

## پەرۋەردىگار سۆزىنى داۋام قىلىدۇ

[11] ــ مەن يېرۇسالېمنى خارابىلاشقان تۈپ-تۈپ دۆۋە، چىلبۆرىلەرنىڭ بىر تۇرالغۇسى قىلىمەن؛
يەھۇدا شەھەرلىرىنى ئادەم تۇرمايدىغان دەرىجىدە ۋەيرانە قىلىمەن.
[12] ــ كىم بۇ ئىشلارنى چۈشىنىشكە دانىشمەن بولىدۇ؟
كىم پەرۋەردىگارنىڭ ئاغزىدىن سۆز ئېلىپ بۇلارنى چۈشەندۈرەلەيدۇ؟
نېمىشقا زېمىن ۋەيرانە، ھېچكىم ئۆتمىگۈدەك، كۆيۈپ چۆل-باياۋاندەك بولۇپ كەتتى؟
[13] پەرۋەردىگار دەيدۇ، ــ چۈنكى ئۇلار مەن ئۇلار ئالدىغا قويغان تەۋرات-قانۇنىنى تاشلىۋەتكەن، مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق سالمىغان ۋە ئۇنىڭدا ماڭمىغان،
[14] بەلكى ئۆز قەلبىدىكى جاھىللىققا ئەگەشكەن، ئاتا-بوۋىلىرى

---

**8:9** زەب. 12:2-4؛ 28:3؛ 120:3-4؛ پەند. 30:14
**9:9** يەر. 29:5، 9
**11:9** يەر. 10:22

ئۇلارغا ئۆگەتكەندەك باپىلىرىنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ كەتكەن،
[15] شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار،
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن بۇ خەلققە كەكرىنى
يېگۈزىمەن، ئۇلارغا ئۆت سۈيىنى ئىچكۈزىمەن، [16] ئۇلارنى ئۇلار ياكى
ئاتا-بوۋىلىرى ئىلگىرى ھېچ تونۇمايدىغان ئەللەر ئارىسىغا
تارقىتىمەن؛ مەن ئۇلارنى يوقاتقۇچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا
قىلىچنى ئەۋەتىمەن.
[17] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ كۆڭۈل قويۇڭلار، ماتەمچى ئاياللارنى كېلىشكە چاقىرىڭلار،
يىغلاشقا ئەڭ ئۇستا بولغان قىز-ئاياللارنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم
ئەۋەتىڭلار!

## يەرەمىيا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىدۇ

[18] ــ بەرھەق، ئۇلار تېز كەلسۇن، بىز ئۈچۈن زور يىغا كۆتۈرسۇنكى، بىزنىڭ
كۆزلىرىمىزدىنمۇ ياشلار تاراملاپ تۆكۈلسۇن، چاناقلىرىمىزدىنمۇ ياش
تامچىلىرى ئاقسۇن ــ [19] چۈنكى زىئوندىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ: ــ
«بىز قانچىلىك بۇلاڭ-تالاڭ قىلىندۇق! قانچىلىك شەرمەندە بولدۇق!
ئۇلار تۇرالغۇلىرىمىزنى ئۆرۈۋەتتى، بىز زېمىنىمىزنى تاشلىدۇق!» ــ
دېيىلىدۇ.
[20] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئى ئاياللار،

---

14:9 **«يەھۇدا خەلقى ...ئاتا-بوۋىلىرى ئۇلارغا ئۆگەتكەندەك باپىلىرىنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ كەتكەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «باپىلار»نىڭ يەنە بىر مەنىسى «بائال»لار ياكى «ئىگىلەر».

**15:9** يەر. 8:14؛ 15:23

**16:9** لاۋ. 33:26

17:9 **«كۆڭۈل قويۇڭلار، ماتەمچى ئاياللارنى كېلىشكە چاقىرىڭلار، يىغلاشقا ئەڭ ئۇستا بولغان قىز-ئاياللارنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىڭلار!»** ــ كونا زامانلاردا بەزى باي ئادەملەر ئۆلۈك-تۆكلەرنى دەپنە قىلىشتا مۇشۇنداق «يىغلاشقا ماھىر» ئاياللارنى «كەيپىياتنى يارىتىش» ئۈچۈن ياللايتتى (مەسىلەن، ئىنجىل، «مات.» 9:37نى كۆرۈڭ).

ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سۆزگە قۇلاق سېلىڭلار؛
قىزىڭلارغا يىغلاشنى ئۆگىتىڭلار،
ھەربىرىڭلار يېقىنىڭلارغا مەرسىيە ئوقۇتۇڭلار؛
[21] چۈنكى ئۆلۈم بولسا دېرىزىلىرىمىزدىن يامىشىپ كىرگەن،
ئوردا-ئىستىھكاملىرىمىزغىمۇ كىرگەن؛
ئۇ باللارنى كوچىلاردىن،
يىگىتلەرنى رەستە-مەيدانلاردىن يۇلۇپ تاشلىغان.
[22] يېقىنلىرىڭلارغا ئۇقتۇرۇپ: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
بەرھەق، جەسەتلەر دالادا تېزەكتەك يىقىلىدۇ؛
ئۇلار ئورمىچىنىڭ ئورغىقىنىڭ ئاستىغا يىقىلغان،
لېكىن ھېچكىم يىغمايدىغان باشاقتەك يەرگە چېچىلىدۇ!» ــ دەڭلار!

[23] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
دانا كىشى دانالىقى بىلەن، كۈچلۈك كىشى كۈچلۈكلىكى بىلەن،
باي بايلىقلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ ماختانمىسۇن؛ [24] پەخىرلىنىپ
ماختىغۇچى بولسا شۇنىڭدىن، يەنى مېنى، يەر يۈزىدە مېھىر-
مۇھەببەت، ئادالەت ۋە ھەققانىيلىقنى يۈرگۈزگۈچى مەن پەرۋەردىگارنى
تونۇپ يەتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ ماختانسۇن؛ چۈنكى مېنىڭ
خۇرسەنلىكىم دەل مۇشۇ ئىشلاردىندۇر، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار. [25] مانا،
شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن خەتنە
قىلىنغانلارنى خەتنە قىلىنغانلار بىلەن بىللە جازالايمەن؛ [26] يەنى
مىسىر، يەھۇدا، ئېدوم، ئاممونىيلار ۋە موئابىيلار، جۈملىدىن چۆل-
باياۋاندا تۇرۇۋاتقان، چېكە چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئەللەرنى
جازالايمەن؛ چۈنكى بۇ ئەللەرنىڭ ھەممىسى خەتنىسىزدۇر؛

---

**22:9** يەر. 33:7
**23:9** 1كور. 31:1؛ 2كور. 17:10

ئىسرائىلنىڭ بارلىق جەمەتىمۇ كۆڭلىدە خەتنىسىزدۇر.

## بۇتلار ئەمەس، پەرۋەردىگارلا ئىبادەتكە لايىقتۇر

10 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە ئېيتقان سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار،
ئى ئىسرائىل جەمەتى: — [2] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: —
ئەللەرنىڭ يوللىرىنى ئۆگەنمەڭلار؛ گەرچە ئەللەر ئاسماندىكى
ھادىسە-ئالامەتلەردىن قورقۇپ دەككە-دۈككىگە چۈمگەن بولسىمۇ،
سىلەر بۇلاردىن ھېچ چۆچۈپ كەتمەڭلار. [3] چۈنكى ئەللەرنىڭ قائىدە-
يوسۇنلىرى بىمەنىلىكتۇر؛ ھەممىسى ئورمانلىقتىن كېسىلگەن
دەرەختىن، ياغاچچىنىڭ ئىسكىنىسى بىلەن ئويۇلغان نەرسىگە ئا
ساسلانغاندۇر. [4] ئۇلار بۇنى ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ھەللەيدۇ؛ ئۇنى
يىقىلمىسۇن دەپ ئۇلار بولقا، مىخلار بىلەن بېكىتىدۇ. [5] بۇنداق

---

26:9 «... بۇ ئەللەرنىڭ ھەممىسى خەتنىسىزدۇر؛ ئىسرائىلنىڭ بارلىق جەمەتىمۇ كۆڭلىدە خەتنىسىزدۇر» — بۇ 25- ۋە 26-ئايەتلەر يەھۇدا (ئىسرائىل)غا ئىنتايىن ئېغىر كېلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنى، ئۆزلىرى كەمسىتىدىغان خەتنە قىلىنمىغان «يات ئەللەر» قاتارىدا «خەتنە قىلىنمىغان»دەك ھېسابلايدۇ. خۇدانىڭ كۆز ئالدىدا يەھۇدا خەتنىسىز، يەنى ئۇ ئىبراھىم خەتنە ئارقىلىق تۈزگەن ئەھدىگە لايىق ئەمەس بولۇپ قالدى. «كۆڭلى خەتنىسىز» — «كۆڭلى بۇ رەزىل دۇنيادىكى رەزىل ئاززۇ-ھەۋەسلىرىدىن كېسىلگەن ئەمەس، خۇدا ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن رەزىللىكتىن ئايرىلغان ئەمەس» دېگەن مەنىدە. «ئەزاكىيال»غا قوشۇلغان «قوشۇمچە سۆزىمىز»نى ۋە ئىنجىل، «رىم.» 2-باب، «فىل.» 3:3، «كول.» 2:11نى كۆرۈڭ).
—يەنە كېلىپ خەتنە «كۆڭلىدە ئەمەس» بولسا، «چېكە چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىش» (بەلكىم بۇتپەرەسلەرنىڭ ماتەمنىڭ بىر ئىپادىسى)تىن ھېچقانداق پەرقى ياكى ئەھمىيىتى يوقتۇر.
**26:9** لاۋ. 41:26؛ رىم. 28،29:2

2:10 **«ئەللەرنىڭ يوللىرىنى ئۆگەنمەڭلار؛ گەرچە ئەللەر ئاسماندىكى ھادىسە-ئالامەتلەردىن قورقۇپ دەككە-دۈككىگە چۈمگەن بولسىمۇ، سىلەر بۇلاردىن ھېچ چۆچۈپ كەتمەڭلار»** — يات ئەللەر بۇنداق «ئاسماندىكى ھادىسە-ئالامەتلەر»نى خۇراپىيلىق، يەنى مۇنەججىملىك يولىدا چۈشىنەتتى، ئەلۋەتتە.
**3:10** يەش. 17-14:44
**4:10** يەش. 7:41

بۇتلار تەرخەمەكلىكتە تۇرىدىغان بىر قارانچۇقتۇر، خالاس؛ ئۇلار
ھېچ سۆزلىيەلمەيدۇ؛ ئۇلار باشقىلار تەرىپىدىن كۆتۈرۈلۈشى كېرەك،
چۈنكى ئۇلار ماڭالمايدۇ. ئۇلاردىن قورقماڭلار؛ چۈنكى ئۇلار رەزىللىك
قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ياخشىلىق قىلىشمۇ كەلمەيدۇ. [6]—
ساڭا ئوخشايدىغان ھېچكىم يوق، ئى پەرۋەردىگار؛ سەن ئۇلۇغ، كۈچ-
قۇدرىتىڭ بىلەن نامىڭ ئۇلۇغدۇر. [7]كىم سەندىن قورقماي تۇرالىسۇن،
ئى بارلىق ئەللەر ئۈستىگە ھۆكۈمران پادىشاھ!؟ چۈنكى بۇ ساڭا
تېگىشلىكتۇر؛ چۈنكى ئەللەردىكى دانىشمەنلەر ئارىسىدا ۋە بارلىق
پادىشاھلىقلار ئارىسىدا ساڭا ئوخشاش ھېچكىم يوقتۇر. [8]ئەللەرنىڭ
ھەممىسى ئىستىنساسىز ئەقلى يوق، نادانلاردۇر؛ بۇ ئەرزىمەسلەر
ياغاچتۇر، خالاس! ئۇلار تەلىم بېرەلەمدۇ!؟ [9]سوقۇپ ياپىلاقلانغان
كۈمۈش تارشىشتىن ئېلىپ كېلىنىدۇ؛ ئالتۇنمۇ ئۇفازدىن ئېلىپ
كېلىنىدۇ؛ ئاندىن ھۈنەرۋەن ۋە زەرگەرلەرنىڭ قولى بۇ ياسىغىنىغا
كۆك ۋە سۆسۈن رەخت بىلەن كىيىم كىيگۈزىدۇ ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى
شۇبھىسىزكى، دانىشمەن ئۇستىلارنىڭ ئەجرىدۇر!
[10]لېكىن پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئۆزى ھەقىقەتتۇر؛ ئۇ ھايات خۇدادۇر،
مەڭگۈلۈكنىڭ پادىشاھىدۇر؛ ئۇنىڭ غەزىپى ئالدىدا يەر-زېمىن
تىترەيدۇ؛ ئەللەر ئۇنىڭ قەھرىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. [11]ئۇلارغا مۇنداق
دېگىن: «ئاسمان بىلەن زېمىننى ياراتمىغان ئىلاھلار، ئۇلار زېمىن
يۈزىدىن ۋە ئاسمان ئاستىدىن يوقايدۇ!».

---

**5:10** زەب. 115:4-7؛ يەش. 41:23؛ 46:1، 7

**6:10** زەب. 86:10،8

**7:10** ۋەھ. 15:4

8:10 **«ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئىستىنساسىز ئەقلى يوق، نادانلاردۇر؛ بۇ ئەرزىمەسلەر ياغاچتۇر، خالاس! ئۇلار تەلىم بېرەلەمدۇ!؟ »** — ئوقۇرمەنلەر ئايەتنىڭ باشقا خىل تەرجىمىلىرىنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن.

**8:10** يەش. 41:29؛ ھاب. 2:18؛ زەك. 10:2

11:10 **«ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: «ئاسمان بىلەن زېمىننى ياراتمىغان ئىلاھلار، ئۇلار زېمىن يۈزىدىن ۋە ئاسمان ئاستىدىن يوقايدۇ!»** — بۇ ئايەت ئىبرانىي تىلىدا ئەمەس، بەلكى ئارامىي

12 پەرۋەردىگار بولسا يەر-زېمىننى كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ياسىغان،
ئالەمنى دانالىقى بىلەن بەرپا قىلغان،
ئاسمانلارنى ئەقىل-پاراسىتى بىلەن يايغۇچىدۇر.
13 ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋەتسە، ئاسمانلاردا سۇلار شاۋقۇنلايدۇ؛
ئۇ يەر چەتلىرىدىن بۇلۇت-تۇمانلارنى ئۆرلىتىدۇ؛
ئۇ يامغۇرلارغا چاقماقلارنى ھەمراھ قىلىپ بېكىتىدۇ،
ۋە شامالنى ئۆز خەزىنىلىرىدىن چىقىرىدۇ.
14 مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ھەربىرى ئەقىلسىز، بىلىمدىن مەھرۇملاردۇر؛
زەرگەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرى ئويغان بۇت تەرىپىدىن شەرمەندىگە قالىدۇ؛
چۈنكى ئۇنىڭ قۇيما ھەيكىلى يالغانچىلىق، ئۇلاردا ھېچ تىنىق يوقتۇر.
15 ئۇلار بىمەنىلەردۇر، مازاق ئوبيېكتىدۇر؛
جازالىنىش ۋاقتى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، ئۇلار يوقىتىلىدۇ.
16 ياقۇپنىڭ نېسىۋىسى بولغۇچى بۇلاردەك ئەمەستۇر،
چۈنكى بارلىق مەۋجۇداتنى ياسىغۇچى شۇدۇر؛
ئىسرائىل بولسا ئۇنىڭ ئۆز مىراسى بولغان قەبىلىدۇر؛
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۇنىڭ نامىدۇر.

تىلدا ئىپادىلىنىدۇ. ئېنىقكى، خۇدانىڭ مەقستى ئۆز خەلقىنىڭ بۇ ھەقىقەتنى يات ئەللەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز تىلدا بىلدۈرۈشى كېرەك.

**12:10** يار. 1:1؛ ئايۇپ 8:9؛ زەب. 2:104؛ يەش. 22:40؛ 24:44؛ 13:51؛ يەر. 15:51

**13:10** زەب. 7:135؛ يەر. 16:51

**14:10** يەر. 17،18:51

**16:10** **«ياقۇپنىڭ نېسىۋىسى»** — «ياقۇپ» مۇشۇ يەردە ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىلنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «ياقۇپنىڭ نېسىۋىسى» خۇدانىڭ ئۆزىدۇر، ئەلۋەتتە.

**16:10** زەب. 2:74؛ يەر. 19:51

## يەرەمىيا خەلقى ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ

[17] زېمىندىن چىقىشقا يۈك-تاقىڭنى يىغىشتۇرۇپ ئال، ئى مۇھاسىرىگە
ئېلىنغۇچى قىز؛ [18] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مانا، مەن بۇ
ۋاقىتتا زېمىندىكىلەرنى ئېلىپ ئۇ يەردىن چۆرۈۋېتىمەن ۋە ئۇلارنىڭ
كۆڭلى تونۇپ يەتكۈچە ئازار بېرىمەن!».

## يەرەمىيا خەلققە ۋەكىل سۈپىتىدە سۆز قىلىدۇ

[19] جاراھىتىم ئۈچۈن ھالىمغا ۋاي! مېنىڭ يارام داۋالىغۇسىزدۇر!
بىراق ئەسلىدە مەن: «بۇ پەقەت بىر كېسەللىك، خالاس، ئۇنىڭغا
چىدىغۇدەكمەن» ــ دەپتىكەنمەن. [20] مېنىڭ چېدىرىم ھالاك بولدى،
بارلىق تانىلىرىم ئۈزۈلدى؛ باللىرىم مەندىن جۇدا بولۇپ، ئۇلار يوق
بولدى؛ چېدىرىمنى قايتىدىن سوزۇپ تىككۈدەك، چېدىر پەردىلىرىنى
ئاسقۇدەك ھېچكىم قالمىدى. [21] چۈنكى خەلق پادىچىلىرى
ئەقىلسىز بولۇپ، پەرۋەردىگارنى ئىزدەپ يول سورىمايدۇ؛ شۇڭا ئۇلار
دانىشمەنلەردەك ئىش كۆرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق پادىسى تارقىلىپ
كەتتى. [22] ئاڭلاڭلار! بىر گەپنىڭ شەپىسى! مانا، ئۇ كېلىدۇ، شىمالىي
زېمىندىن چىققان زور بىر چۇقان-سۈرەن! يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىنى
بىر ۋەيرانە، چىلبۆرىلەرنىڭ تۇرالغۇسىغا ئايلاندۇرغۇچى كېلىۋاتىدۇ!

---

17:10 **«مۇھاسىرىگە ئېلىنغۇچى قىز»** ــ «قىز» مۇشۇ يەردە شۈبھىسىزكى، پۈتۈن خەلقنى بىلدۈرىدۇ

**18:10** يەر. 24:6

19:10 **«پەقەت بىر كېسەللىك»** ــ بەلكىم خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر «پەقەت ۋاقىتلىق ئاۋارە، خالاس» دېگەن ھېسسىياتنى كۆرسىتىدۇ. ساختا پەيغەمبەرلەر بۇنداق ھېسسىياتنى كۆپ قوللايتتى.

20:10 **«مېنىڭ چېدىرىم ھالاك بولدى... باللىرىم مەندىن جۇدا بولۇپ،...»** ــ مۇمكىنچىلىك باركى، مۇشۇ يەردە سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرى پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە ئۆتىدۇ، ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بېشارەتنى كۆرۈش ئۈچۈن «يەش.» 12:16-9نى كۆرۈڭ.

**20:10** يەش. 5:15؛ 16:9-12؛ 5:15

21:10 **«خەلق پادىچىلىرى»** ــ (يەنى «پادا باققۇچىلىرى») شۈبھىسىزكى، يەھۇدانىڭ پادىشاھى، ۋەزىرلىرى، كاھىنلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[23] بىلىمەنكى، ئى پەرۋەردىگار، ئىنساننىڭ ئۆز يولىنى بېكىتىشى
ئۆز قولىدا ئەمەستۇر؛ مېڭىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزىدە قەدەملىرىنى
خالىغانچە تاشلاش قۇدرىتى بولماستۇر؛ [24] پەرۋەردىگار، مېنى
تۈزىگەيسەن، لېكىن غەزىپىڭ بىلەن ئەمەس، ئادىل ھۆكۈمىڭ بىلەن
تۈزىگەيسەن؛ بولمىسا سەن مېنى يوققا باراۋەر قىلىسەن. [25] قەھرىڭنى
سېنى تونۇمايدىغان ئەللەر ھەمدە نامىڭغا نىدا قىلمايدىغان
جەمەتلەر ئۈستىگە تۆككەيسەن؛ چۈنكى ئۇلار ياقۇپنى يەپ كەتكەن؛
بەرھەق، ئۇلار ئۇنى يۇتۇپ تۈگەشتۈرۈپ، تۇرغان جايىنى مۇتلەق ۋەيران
قىلغان.

## خەلقنىڭ خۇدانىڭ ئەھدىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى

11 [1] يەرەمىياغا پەرۋەردىگاردىن كەلگەن سۆز مۇنداق ئىدى: [2] ــ
بۇ ئەھدىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار؛ شۇنداقلا يەھۇدا
كىشىلىرىگە، يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارغا ئۇلارنى يەتكۈزۈڭلار، [3] ــ
سەن يەرەمىيا ئۇلارغا مۇنداق ئېيتقىن: ــ
پەرۋەردىگار، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ بۇ ئەھدىنىڭ
سۆزلىرىگە كىم بويسۇنمىسا ئۇ لەنەتتە قالىدۇ؛ [4] مەن بۇ ئەھدىنى

---

**22:10** يەر. 14:1؛ 6:4؛ 11:9

**23:10** پەند. 1:16؛ 24:20

**24:10** زەب. 1:6؛ 1:38؛ يەر. 11:30؛ 28:46

**25:10** زەب. 6:79؛ يەر. 16:8؛ 16:9

**2:11** **«بۇ ئەھدىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار»** ــ بۇ بېشارەت (1:11-17)نىڭ ئاساسىي تېمىسى (يۇقىرىقى ماۋزۇيىمىزدەك) ــ «خەلقنىڭ خۇدانىڭ ئەھدىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى». بېشارەت بەلكىم يوسىيا پادىشاھ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتا ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان «تەۋرات-قانۇننىڭ بىر قىسمى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ تەۋراتنىڭ قىسمى بەلكىم «قانۇن شەرھى» ئىدى، كىتاب خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى تەكرارلايدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ. «2پاد.» 22-23-بابلارنى، «2تار.»، 34-35-بابلارنى كۆرۈڭ.

**3:11** قان. 26:27؛ گال. 10:3

**ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى مىسىر زېمىنىدىن، يەنى تۆمۈر تاۋلايدىغان
خۇمدانىدىن قۇتقۇزۇپ چىقارغان كۈنىدە ئۇلارغا تاپىلاپ: «ئاۋازىمغا
قۇلاق سېلىپ، بۇ سۆزلەرگە، يەنى مەن سىلەرگە تاپشۇرغان بارلىق
ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىڭلار؛ شۇنداق قىلغىنىڭلاردا، سىلەر مېنىڭ
خەلقىم بولىسىلەر، مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن؛ 5 شۇنداق
بولغىنىدا مەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا: «سىلەرگە سۈت ھەم بال ئېقىپ
تۇرىدىغان بىر زېمىن تەقدىم قىلىمەن» دەپ ئىچكەن قەسەمنى
ئەمەلگە ئاشۇرىمەن» ــ دېگەنىدىم. سىلەر بۈگۈنكى كۈندە دەل شۇ
زېمىندا تۇرۇۋاتىسىلەر!
مەن بولسام جاۋابەن «ئامىن، پەرۋەردىگار!» ــ دېدىم.
6 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىدە،
يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرىدا بۇ سۆزلەرنى جاكارلا: ــ بۇ ئەھدىنىڭ
بارلىق سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇڭلار! 7 چۈنكى
مەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا مىسىر زېمىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىقارغان
كۈنىدىن بۈگۈنكى كۈنگىچە «مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق سېلىڭلار!»
دەپ جېكىلەپ ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتىمەن؛ مەن تاڭ سەھەردە
ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلدىم. 8 لېكىن ئۇلار
ھېچ ئاڭلىمىغان ياكى قۇلاق سالمىغان؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى رەزىل
كۆڭۈللىرىدىكى جاھىللىقتا ئەگىشىپ ماڭغان؛ شۇنىڭ بىلەن
مەن بۇ ئەھدىدىكى بارلىق سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈردۈم؛**

---

**4:11** لاۋ. 3،12:26؛ قان. 20:4

5:11 **«مەن بولسام جاۋابەن «ئامىن، پەرۋەردىگار!» ــ دېدىم»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، «ئامىن» دېگەن سۆز «شۇنداق بولسۇن!» دېگەن مەنىدە. مۇشۇ يەردە يەرەميا پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدىسىگە بويسۇنمىغان بارلىق كىشىلەرنى (3-ئايەتتە) لەنەتكە قالدۇرىدىغانلىقىغا قوشۇلۇشىنى بىلدۈردى.

**5:11** قان. 12:7

6:11 **«بۇ ئەھدىنىڭ بارلىق سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇڭلار!»** ــ بېشارەت (17-1:11)نىڭ ئاساس تېمىسى توغرىسىدىكى 2-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**7:11** يەر. 13،25:7

مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا تاپىلىغانمەن، لېكىن ئۇلار ھېچ
ئەمەلگە ئاشۇرمىغان.
9 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ يەھۇدادىكىلەر ۋە يېرۇسالېمدا
تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا بىر سۇيىقەست بايقالدى؛ 10 ئۇلار سۆزلىرىمنى
ئاڭلاشنى رەت قىلغان ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبىھلىكلىرىگە قايتىپ
كەتتى؛ ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدە بولايلى دەپ باشقا ئىلاھلارغا ئەگىشىپ
كەتتى. ئىسرائىل جەمەتى ھەم يەھۇدا جەمەتى ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن
تۈزگەن ئەھدەمنى بۇزدى.
11 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
ھېچ قۇتۇلالماس ئاپەت چۈشۈرىمەن؛ ئۇلار ماڭا پەرياد كۆتۈرىدۇ،
لېكىن مەن ئۇلارنى ئاڭلىمايمەن. 12 ئاندىن يەھۇدانىڭ شەھەرلىرى ۋە
يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ئىسرىق يېقىپ چوقۇنغان بۇتلارنى ئىزدەپ
ئۇلارغا پەرياد كۆتۈرىدۇ؛ لېكىن ئاپەت چۈشكەن ۋاقتىدا ئۇلار بۇلارنى
ھېچ قۇتقۇزمايدۇ. 13 چۈنكى شەھەرلىرىڭ قانچە كۆپ بولغانسېرى،
بۇتلىرىڭ شۇنچە كۆپ بولدى، ئى يەھۇدا؛ يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرى
قانچە كۆپ بولغانسېرى، سىلەر «يىرگىنچلىك بولغۇچى»غا شۇنچە
قۇربانگاھلارنى قۇردۇڭلار، يەنى بائالغا ئىسرىق يېقىش ئۈچۈن
قۇربانگاھلارنى بەرپا قىلدىڭلار.

14 ئەمدى سەن، ئى يەرەمىيا، بۇ خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلما، ئۇلار ئۈچۈن
ھېچ پەرياد ياكى تىلاۋەت قىلما؛ چۈنكى ئاپەت بېشىغا چۈشۈشى
بىلەن ئۇلار ماڭا نىدا قىلغان ۋاقتىدا مەن ئۇلارنى ئاڭلىمايمەن.
15 ــ مېنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىمنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇشىغا نېمە ھەققى؟
چۈنكى كۆپىنچىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ رەزىل مەقسەتلىرىگە يېتىشكە

**8:11** يەر. 17:3؛ 24،26:7؛ 14:9

**11:11** پەند. 28:1؛ يەش. 15:1؛ يەر. 12:14؛ ئەز. 18:8؛ مك. 4:3

**13:11** يەر. 28:2

**14:11** يەر. 16:7؛ 11:14

ئورۇنىسىلەر؛ سىلەر رەزىللىكىڭلار ئەمەلگە ئاشقاندا خۇرسەن
بولساڭلار، ئۇنداقتا «مۇقەددەس گۆشلەر» مۇشۇ ئاسىيلىقىڭلارنى
سىلەردىن ئېلىپ تاشلىيالامدۇ؟ [16] پەرۋەردىگار ئىسمىڭنى
«ياپيېشىل، مول مېۋىلىك، باراقسان زەيتۇن دەرىخى» دەپ
ئاتىغانىدى؛ لېكىن پەرۋەردىگار دەرەخكە شاۋقۇنلايدىغان زور بىر
ئوتنى سالىدۇ ۋە شاخلىرى يوق قىلىنىدۇ. [17] چۈنكى سېنى تىككەن
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ساڭا قاراپ كۈلپەت
بېكىتىپ جاكارلىغان؛ سەۋەبى، ئىسرائىل جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى
ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ رەزىللىك قىلىپ، بائالغا ئىسرىق
يېقىپ، مېنىڭ غەزىپىمنى كەلتۈردى.

## يەرەمىياغا قىلىنىدىغان سۇيىقەستنى
## پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئايان قىلىدۇ

[18] «پەرۋەردىگار ماڭا خەۋەر يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن مەن چۈشەندىم؛
ئۇ ماڭا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئايان قىلدى؛ [19] مەن بولسام خۇددى
بوغۇزلاشقا يېتىلەپ ماڭغان كۆنۈك پاقلاندەك ئىدىم؛ مەن ئەسلى
ئۇلارنىڭ ماڭا قاراپ: «دەرەخنى مېۋىسى بىلەن يوقىتايلى، ئۇنىڭ
ئىسمى قايتا ئەسكە ھېچ كەلتۈرۈلمىسۇن، ئۇنى تىرىكلەر زېمىنىدىن
ئۈزۈپ تاشلايلى» دېگەن قەستلىرىنى ھېچ بىلمەيتتىم؛ [20] لېكىن
سەن، ئى ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچى، ئادەمنىڭ ۋىجدان-قەلبىنى
سىنىغۇچى، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار،
سېنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان قىساسىڭنى ئۆز كۆزۈم
بىلەن كۆرۈشكە نېسىپ قىلغايسەن؛ چۈنكى دەۋايىمنى ساڭىلا ئايان
قىلىپ تاپشۇردۇم».

---

15:11 **«مۇقەددەس گۆشلەر»** ــ قۇربانلىقلاردىكى گۆشلەر، ئەلۋەتتە. ئوقۇرمەنلەر ئايەتنىڭ باشقا كۆپ خىل تەرجىملىرىنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن، لېكىن ئومۇمىي مەنىسى تەرجىمىمىزدىكىدەك بولىدۇ.

**17:11** يەر. 21:2

**20:11** 1سام. 7:16؛ 1تار. 9:28؛ زەب. 9:7؛ 2:26؛ ۋەھ. 23:2

21 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ «پەرۋەردىگارنىڭ
نامىدا بېشارەت بەرمە، بولمىسا جېنىڭ قولىمىزدا تۈگىشىدۇ» ــ دەپ
ساڭا دوق قىلىپ يۈرگەن ئاناتوتتىكى ئادەملەر جېنىڭنى ئىزدەپ
يۈرىدۇ. ئەمدى ئۇلار توغرىسىدا مۇنداق سۆزۈم بار: ــ 22ــ بۇ ئىشقا
قاراپ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق
دېدى: ــ مانا، مەن ئۇلارنى جازالايمەن؛ يىگىتلەر قىلىچ بىلەن
ئۆلىدۇ، ئوغۇل-قىزلىرى بولسا قەھەتچىلىك بىلەن ئۆلىدۇ. 23 ئۇلاردىن
ھېچبىر قالدىسى قالمايدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلار جازالىنىدىغان يىلىدا،
شۇ ئاناتوتتىكى ئادەملەر ئۈستىگە ئاپەت چۈشۈرىمەن.

## يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ پەرۋەردىگارغا داد ئېيتىشى داۋاملىشىدۇ

12 1 مەن دەۋايىمنى ئالدىڭغا ئېلىپ كەلسەم، ئادىل بولۇپ
كەلدىڭ، ئى پەرۋەردىگار؛ لېكىن سەن بىلەن ئۆز ھۆكۈملىرىڭ
توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىمەن؛ نېمىشقا رەزىللەرنىڭ يولى روناق
تاپىدۇ؟ ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى نېمىشقا كەڭرى-
ئازادىلىكتە تۇرىدۇ؟ 2 سەن ئۇلارنى يەر يۈزىگە تىككەنسەن، ئۇلارمۇ
يىلتىز تارتقان؛ ئۇلار ئۆسۈپ گۈللىنىدۇ، ئۇلار مېۋىلەيدۇ؛ سەن
ئۇلارنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئوخشايسەن، لېكىن ۋىجدانىدىن يىراقسەن؛
3 لېكىن سەن، ئى پەرۋەردىگار، مېنى بىلىسەن؛ سەن مېنى كۆرۈپ
كەلگەنسەن، ئۆزۈڭگە بولغان سادىقلىقىمنى سىنىغانسەن. ئۇلارنى
بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن قويلاردەك ئايرىپ سۆرەپ چىققايسەن،

---

**1:12** ئايۇپ 7:21؛ زەب. 13-11:73؛ ھاب. 3:1

**2:12** **«سەن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئوخشايسەن، لېكىن ۋىجدانىدىن يىراقسەن» ــ**
«ۋىجدان» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا «بۆرەكلەر» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**2:12** يەش. 13:29

ئۇلارنى قەتل كۈنىگە ئايرىغايسەن. [4] زېمىن قاچانغىچە قاغجىرايدۇ،
ئېتىزدىكى ئوت-چۆپلەر قاچانغىچە قۇرغان ھالەتتە تۇرىدۇ؟ زېمىندا
تۇرۇۋاتقانلارنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن ھايۋانلار ھەم ئۇچار-قاناتلار
قاچانغىچە يوقاپ تۈگەيدۇ؟ چۈنكى بۇ خەلق: «خۇدا ئاقىۋىتىمىزنى
ھېچ كۆرمەيدۇ» دەۋاتىدۇ.

## پەرۋەردىگار يەرەمىياغا جاۋاب بېرىدۇ

[5] — سەن يۈگۈرگەن لەشكەرلەر بىلەن بەسلەشكەندە، ئۇلار سېنى
ھالسىراتقان بولسا، ئەمدى سەن ئاتلار بىلەن بەسلەشسەڭ قانداق
بولار؟ سەن پەقەت ئامان-تىنچلىقتا تۇرغان زېمىندىلا خاتىرجەم
بولۇپ ماڭا ئىشىنىسەن، ئەمدى ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى قويۇق
چاتقاللىقلاردا قانداق يۈرىسەن؟ [6] چۈنكى ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرىڭ،
ئاتائىنىڭ جەمەتىمۇ ساڭا ئاسىيلىق قىلغان. ئۇلارمۇ سېنى يوقىتىش
ئۈچۈن ئاۋازىنى قويۇپ بەرگەن. گەرچە ئۇلار ساڭا مېھرىلىك سۆزلەرنى
قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئىشەنمە!»

---

3:12 «...ئۇلارنى بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن قويلاردەك ئايرىپ سۆرەپ چىققايسەن، ئۇلارنى قەتل كۈنىگە ئايرىغايسەن» — يەرەمىيا ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرىنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ نۇرغۇنلىغان جاپا تارتماقتا، لېكىن ئۇلار كەڭ-ئازادە ياشايدىغان ئوخشايدۇ.
**3:12** زەب. 3:17؛ 1:139؛ يەر. 20:11
4:12 «بۇ خەلق: «خۇدا ئاقىۋىتىمىزنى ھېچ كۆرمەيدۇ» دەۋاتىدۇ؟» — ئىبرانىي تىلىدىكى «بۇ خەلق: ئۇ ئاقىۋىتىمىزنى ھېچ كۆرمەيدۇ» دەۋاتىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇ دېگەنلىكتىكى «ئۇ»نى بەزى ئالىملار يەرەمىيانى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بىزنىڭچە خەلقنىڭ: «خۇدا ئاقىۋىتىمىزنى ھېچ كۆرمەيدۇ» دېگەن سۆزى، تەۋرات «قان.» 32:30دىكى «مەن (خۇدا) ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنىڭ دەل ئەكسىدۇر، شۇڭا بىز «خۇدا» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.
**4:12** يەر. 4:25-28؛ 20:7؛ 10:9؛ يەش. 3:24-6
5:12 «ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى قويۇق چاتقاللىقلاردا قانداق يۈرىسەن؟» — بۇ يەر شىرلار ياشىغان، ئىنتايىن خەتەرلىك جاي ئىدى (14:49، 44:50نى كۆرۈڭ). خۇدا يەرەمىياغا: «ئىشلىرىڭ تېخىمۇ قىيىن، تېخىمۇ چاتاق، تېخىمۇ مۇشەققەتلىك بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.
**6:12** پەند. 25:26

## خۇدا يەرەمىيانىڭ داد كۆتۈرۈشلىرىگە يەنە بىر جاۋاب بېرىدۇ

7 ــ ئۆزۈم ئائىلەمدىن ۋاز كېچىمەن، مىراسىمنى تاشلىۋېتىمەن، جان-
جىگىرىمنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن. 8 مېنىڭ مىراسىم
بولغان خەلق بولسا ماڭا ئورمانلىقتىكى بىر شىرگە ئوخشاش بولۇپ
قالدى؛ ئۇلار ماڭا قارشى ئاۋازىنى كۆتۈردى؛ شۇڭا مەن ئۇلارنى يامان
كۆرىمەن. 9 مېنىڭ مىراسىم ماڭا سار-بۈركۈت ياكى چىلبۆرىدەك
بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا باشقا سار-بۈركۈتلەر
ئولاشماقتا! بېرىڭلار، ئۇلارنى يەۋېتىشكە بارلىق دالادىكى ھايۋانلارنى
يىغىپ كېلىڭلار! 10 نۇرغۇنلىغان خەلق پادىچىلىرى ئۈزۈمزارىمنى
ھالاك قىلدۇ، ئۇلار مېنىڭ نېسىۋەمنى ئاياغ ئاستى قىلدۇ، ئۇلار
مېنىڭ يېقىملىق نېسىۋەمنى غېرىب بىر چۆل-باياۋانغا ئايلاندۇردۇ؛
11 ئۇلار ئۇنى غېرىب قىلىۋېتىدۇ؛ ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا غېرىب ھەم
قاغجىراق تۇرىدۇ؛ پۈتكۈل زېمىن غېرىب قالىدۇ؛ ئەمما ھېچ ئادەم
بۇنىڭغا كۆڭلىنى بۆلمەيدۇ. 12 چۆل-باياۋاندىكى بارلىق ئېگىزلىكلەر
ئۈستىگە ھالاك قىلغۇچىلار غۇژۇلداپ چىقىپ كېلىدۇ؛ چۈنكى
پەرۋەردىگارنىڭ قىلىچى زېمىننىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە
ھەممىنى يۇتىدۇ؛ ھېچ ئەت ئىگىسىنىڭ تىنچ-خاتىرجەملىكى
بولمايدۇ. 13 خەلقىم بۇغدايىنى تېرىغان بولسىمۇ، لېكىن تىكەنلەرنى

---

9:12 **«دالىدىكى ھايۋانلار»** ــ بەلكىم ئىسرائىلنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماقچى بولغان يات ئەللەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ پەرمان («بېرىڭلار... يىغىپ كېلىڭلار») بەلكىم پەرىشتىلەرگە ئېيتىلسا كېرەك.

**9:12** يەر. 33:7

10:12 **«نۇرغۇنلىغان خەلق پادىچىلىرى»** ــ بەلكىم يات ئەللەرنىڭ ئەمىر-پادىشاھلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ئىسرائىلنىڭ ئۆزىدىكى «خەلق پادىچىلىرى» (پادىشاھلار، كاھىنلار، پەيغەمبەرلەر) نىڭ ۋاپاسىزلىقى بىلەن بۇ ئاقىۋەتنى ئىسرائىلنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن، شۇڭا «نۇرغۇنلىغان پادا باققۇچىلىرى» ئۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

—خۇدا «مېنىڭ ئۈزۈمزارىم»، «مېنىڭ نېسىۋەم» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن، بەلكىم ئۆز خەلقى ئىسرائىلنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ.

—ئىبرانىي تىلدا بۇ ئايەتتىن 13-ئايەتكىچە بولغان پېئىللار «ئۆتكەن زامان»دا ئىپادىلىنىدۇ؛ پەيغەمبەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ئاللىقاچان يۈز بەرگەندەك»، جەزمەن يۈز بېرىدۇ، دەپ بىلىدۇ.

**10:12** يەر. 3:6

ئورىيدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇپراتقىنى بىلەن، پايدا كۆرمەيدۇ؛ شۇڭا
ناچار مەھسۇلاتلىرىڭلار تۈپەيلىدىن، پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپى
تۈپەيلىدىن، يەرگە قاراپ قالىسىلەر.
[14] مەنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىم ئىسرائىلنى ۋارىس قىلغان
مىراسقا چاڭگال سالغان، زېمىنىمنىڭ ھەممە رەزىل قوشنىلىرى
توغرۇلۇق مۇنداق دەيمەن: ــ مانا، مەن ئۇلارنى ئۆز زېمىنىدىن يۇلۇپ
ئالىمەن، شۇنىڭدەك يەھۇدا جەمەتىنى ئۇلار ئارىسىدىن يۇلۇۋالىمەن
؛ [15] لېكىن شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلارنى يۇلۇۋالغاندىن كېيىن مەن بۇ
يولدىن يېنىپ، ئۇلارغا ئىچىمنى ئاغرىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆز
مىراسىغا، ھەربىرىنى ئۆز زېمىنىغا قايتۇرىمەن.
[16] شۇنداق قىلىپ، ئەگەر (ئۇلار ئۆتكەندە خەلقىمگە بائالنىڭ ئىسمىغا
قەسەم ئىچىشنى ئۆگەتكەندەك) كۆڭۈل قويۇپ خەلقىمنىڭ يوللىرىنى
ئۆگەنسە، جۈملىدىن مېنىڭ نامىمغا قەسەم ئىچىشنى ئۆگەنسە، ــ
ئەمدى ئۇلارغا خەلقىم ئارىسىدىن مۇقىم ئورۇن بېرىلىپ، ئۇلار گۈل
لەندۈرۈلىدۇ. [17] بىراق ئۇلار ئاڭلىمىسا، مەن شۇ ئەلنى مۇتلەق يۇلۇپ
تاشلايمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

**13:12** لاۋ. 16:26؛ قان. 38:28

**14:12** **«زېمىنىمنىڭ ھەممە رەزىل قوشنىلىرى»** ــ قوشنا يات ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ.

**14:12** قان. 3:30؛ يەر. 37:32

15:12 **«ئۇلارنى ...ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆز مىراسىغا، ھەربىرىنى ئۆز زېمىنىغا قايتۇرىمەن»** ــ بۇ خۇدانىڭ بۇ يات ئەللەرنىڭ ھەربىرىگە ئېيتقان سۆزلىرى.

16:12 **«ئۇلارغا خەلقىم ئارىسىدىن مۇقىم ئورۇن بېرىلىپ، ئۇلار گۈللەندۈرۈلىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا سۆزمۇسۆز بولسا «ئۇلار خەلقىم ئارىسىدا قۇرۇلىدۇ». بۇ سۆز كۆپ جەھەتلىك بولۇپ، ئېتىقاد، ئەخلاق، دانالىق، ئىقتىساد ۋە پاراۋانلىق، بولۇپمۇ ھەرخىل روھىي بايلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**17:12** يەش. 12:60

## چىرىپ كەتكەن ئىچ تامبالدىن ئالغان ساۋاق

13 1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ بارغىن، كاناپ ئىچ
تامبالنى ئال، بېلىڭگە باغلا؛ لېكىن ئۇنى سۇغا چىلىما.
2 شۇڭا پەرۋەردىگار ماڭا دېگەندەك مەن بىر ئىچ تامبالنى ئالدىم ۋە
بېلىمگە باغلاپ قويدۇم.
3 ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئىككىنچى قېتىم ماڭا كېلىپ مۇنداق
دېگەندە: ــ 4 «سەن پۇلغا ئالغان، بېلىڭگە باغلانغان ئىچ تامبالنى
ئېلىپ، ئورنۇڭدىن تۇر، فراتقا بېرىپ شۇ يەردە تاشنىڭ يېرىقىغا
يوشۇرۇپ قوي».
5 شۇڭا مەن باردىم ۋە پەرۋەردىگار ماڭا بۇيرۇغاندەك ئۇنى فراتقا
يوشۇرۇپ قويدۇم. 6 كۆپ كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، پەرۋەردىگار
ماڭا: «ئورنۇڭدىن تۇر، فراتقا بېرىپ، مەن ساڭا شۇ يەرگە يوشۇرۇشقا
بۇيرۇغان ئىچ تامبالنى قولۇڭغا ئال» ــ دېدى.
7 شۇڭا مەن فراتقا باردىم؛ مەن يوشۇرغان يەردىن ئىچ تامبالنى
كولاپ چىقىرىپ قولۇمغا ئالدىم؛ مانا، ئىچ تامبال سېسىپ چىرىپ
كەتكەندى، پۈتۈنلەي كېرەكسىز بولغانىدى. 8 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى
ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
9 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن يەھۇدانىڭ پەخرىنى ۋە

---

4:13 **«ئورنۇڭدىن تۇر، فراتقا بېرىپ،...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئورنۇڭدىن تۇر، ئەفرات (دەرياسى)غا بېرىپ...».
—يەرەمىيانىڭ يۇرتى ئاناتوتقا يېقىن «فرات» دېگەن كىچىك بىر يېزا ئىدى. ئەفرات دەرياسى بولسا پەلەستىندىن 550 كىلومېتر يىراق. ئەگەر توغرا تەرجىمىسى «فرات» بولسا، شۈبھىسىزكى، بۇ يەنىلا سۆز ئويۇنى ئارقىلىق «ئەفرات دەرياسى»نى، شۇنىڭدەك ئەفرات دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇلغان ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنى، شۇنداقلا كېيىنكى بابىل ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ ئىسرائىلغا ئاندىن كېيىن يەھۇداغا (ئۇلار شۇ يەرگە سۈرگۈن بولغان ۋاقتىدا) ئېتىقادىنى بۇلغايدىغان تەسىرى بولغان. ئاسۇرىيەنىڭ بۇتپەرەسلىكىنىڭ ۋە بابىلنىڭ پۇلپەرەسلىكىنىڭ ئېتىقادنى بۇلغايدىغان تەسىرى بار ئىدى.
—ئىشنىڭ باشقا بىرخىل شەرھى: ئۇلار ئەسلى پەرۋەردىگارغا «چىڭ مۇناسىۋەتتە باغلىنىش»ى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنىڭ ئورنىغا ئۇلار بابىلغا باغلانماقچى بولۇپ (ھەزەكىيا پادىشاھنىڭ كۈنلىرىدە) بۇلغىنىپ كەتكەن. لېكىن بىزنىڭچە بۇنداق شەرھى يەرەمىيانىڭ دەۋرىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

**يېرۇسالېمنىڭ چوڭ پەخرىنى مۇشۇ ھالدا يوقىتىمەن؛ [10] مېنىڭ
سۆزلىرىمنى ئاڭلاشنى رەت قىلغان، كۆڭلىدىكى جاھىللىقىدا
ماڭىدىغان، باشقا ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىدا بولۇپ، ئۇلارغا ئىبادەت
قىلىشقا ئىنتىلىدىغان بۇ رەزىل خەلق پۈتۈنلەي كاردىن چىققان بۇ
ئىچ تامبالغا ئوخشاش بولىدۇ. [11] چۈنكى خۇددى ئىچ تامبال ئادەمنىڭ
چاترىقىغا چىڭ باغلانغاندەك، ئۇلارمۇ ماڭا يېقىن بىر خەلق بولسۇن،
ماڭا نام-ئابروي، مەدھىيە ۋە شان-شەرەپ كەلتۈرسۇن دەپ، مەن
ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى ۋە يەھۇدانىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى
ئۆزۈمگە چىڭ باغلاندۇرغانمەن ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ لېكىن ئۇلار
ھېچ قۇلاق سالمىدى.**

**[12] ئۇلارغا مۇشۇ سۆزنى دېگىن: ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «ھەممە شاراب ئىدىشى شاراب بىلەن
تولۇشى كېرەك». ئۇلار ساڭا: «ئەجەبا، ھەممە شاراب ئىدىشى شاراب
بىلەن تولۇشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلمەمدۇق؟» ــ دەيدۇ؛ [13] سەن
ئۇلارغا مۇنداق دەيسەن: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن بۇ
زېمىندا بارلىق تۇرۇۋاتقانلارنى، داۋۇتقا ۋەكىل بولۇپ ئۇنىڭ تەختىگە**

---

11:13 **«خۇددى ئىچ تامبال ئادەمنىڭ چاترىقىغا چىڭ باغلانغاندەك، ئۇلارمۇ ماڭا يېقىن بىر خەلق بولسۇن ... دەپ، مەن ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى ۋە يەھۇدانىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى ئۆزۈمگە چىڭ باغلاندۇرغانمەن»** ــ بۇ تەمسىلنىڭ مەنىسى بەلكىم شۇكى، ئىسرائىل خۇداغا چىڭ باغلانغان بولسا، ھېچ بۇلغانمايتتى (تەمسىلدە پەيغەمبەر ئۆزى خۇداغا ۋەكىل بولىدۇ). لېكىن بۇ زىچ مۇناسىۋەتتىن ئايرىلسا، بەربىر يات ئەللەر (مەسىلەن، ئاسۇرىيە، بابىلدەك) تەرىپىدىن بۇلغىنىدۇ. 1-ئايەتتىكى «سۇغا چىلىما» دېگەن سىرلىق بۇيرۇق، بەلكىم بۇ زىچ مۇناسىۋەتنىڭ ھېچ ئايرىلماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

12:13 **«ھەممە شاراب ئىدىشى شاراب بىلەن تولۇشى كېرەك»** ــ بەلكىم خەلق ئارىسىدىكى ماقال-تەمسىل بولۇشى مۇمكىن ــ مەنىسى بەلكىم «ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ» ياكى «كۆپرەك كۈتكۈن بولساڭ كۆپرەك ئالىسەن» قاتارلىقلار.

—ئىبرانىي تىلىدا «ئىدىش» ۋە «ئەخمەق» بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. خەلق پەقەتلا ئۆز كەيپ-ساپاسىنى (شاراب بۇنىڭ سىمۋولى بولۇپ) ئىنتىلىپ قوغلىغاندىن كېيىن خۇدا ئۇلارغا: «مەن سىلەر ئىزدىگىنىڭلارنى ئۆز بېشىڭلارغا چۈشۈرىمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلارنى نابۇت قىلىسىلەر» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئوخشايدۇ.

ئۆلتۈرگەن پادىشاھلارنى، كاھىنلارنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ھەمدە
يېرۇسالېمدا بارلىق تۇرۇۋاتقانلارنى مەستلىك-بىھوشلۇق بىلەن
تولدۇرىمەن. [14] مەن ئۇلارنى بىر-بىرىگە، يەنى ئاتا بىلەن ئوغۇللىرىنىمۇ
ئوخشاشلا بىر-بىرىگە سوقۇشقا سالىمەن، ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ـ مەن
ئۇلارغا ئىچىمنى ئاغرىتمايمەن، ئۇلارنى ئايىمايمەن، ئۇلارغا رەھىم
قىلمايمەن؛ ئۇلارنى نابۇت قىلىشقا ھېچنەرسە مېنى توسمايدۇ.
[15] ئاڭلاڭلار، قۇلاق سېلىڭلار، ھالى چوڭ بولماڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار
سۆز قىلغان. [16] ئەمدى ئۇ بېشىڭلارغا زۇلمەت چۈشۈرگىچە، پۇتۇڭلار
زاۋال چۈشكەن تاغلاردا پۇتلاشقاندەك پۇتلاشقۇچە، ئۇ سىلەر ئىزدىگەن
نۇرنى ئۆلۈم سايىسىغا، قاپقاراڭغۇلۇققا ئايلاندۇرغۇچە، پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلارغا لايىق شان-شەرەپ قايتۇرۇڭلار!

## يەرەمىيا ئۆز دەرد-ئەلىمىنى خەلققە بىلدۈرىدۇ

[17] بۇنى ئاڭلىمىساڭلار، سىلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقۇڭلار تۈپەيلىدىن جېنىم
يوشۇرۇنچە يىغلايدۇ؛ ئاچچىق يىغلاپ كۆز ياشلىرىم ئېقىپ تاشىدۇ؛
چۈنكى سىلەر، ئى پەرۋەردىگارنىڭ پادىسى، سۈرگۈن قىلىنىسىلەر.

## پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى داۋاملىشىدۇ

[18] پادىشاھ ۋە خانىشقا: «تەختىڭلاردىن چۈشۈپ يەرگە ئولتۇرۇڭلار؛
چۈنكى كۆركەم تاجلىرىڭلار بېشىڭلاردىن چۈشۈرۈلىدۇ» ـ دېگىن.
[19] جەنۇبدىكى شەھەرلەر قورشىۋېلىپ تاقىلىدۇ؛ ئۇلارنى ئاچىدىغان
ھېچكىم بولمايدۇ؛ پۈتكۈل يەھۇدا سۈرگۈن بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ

---

**16:13** زەب. 21-20:44

**17:13** يىغ. 2،16:1

18:13 **«پادىشاھ ۋە خانىشقا: «تەختىڭلاردىن چۈشۈپ يەرگە ئولتۇرۇڭلار... تاجلىرىڭلار بېشىڭلاردىن چۈشۈرۈلىدۇ» ــــ دېگىن»** ـ پادىشاھ ۋە خانىش بەلكىم يەھوئاكىن ۋە ئانىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرى 597-يىلى سۈرگۈن بولغان («يەر.» 26:22، 2:29، «2پاد.» 16-14:24نى كۆرۈڭ).

**ھەممىسى ئەسىرگە چۈشۈپ سۈرگۈن بولىدۇ. [20] بېشىڭنى كۆتۈر،**
**ئى زىئون، شىمالدىن چىققانلارغا قارا؛ ساڭا تاپشۇرۇلغان پادا، يەنى**
**يېقىملىق پاداڭ نەگە كەتكەندۇ؟ [21] پەرۋەردىگار سېنى باشقۇرۇشقا**
**دوستلىرىڭنى بېكىتكىنىدە سەن نېمە دېيەلەيتتىڭ؟ ئەسلى ئۆزۈڭ**
**ئۇلارغا باشقۇرۇشنى ئۆگەتكەن تۇرساڭ! شۇ تاپتا تولغاق تۇتقان**
**ئايالدەك ئازاب-ئوقۇبەتلەر سېنى تۇتمامدۇ؟**
**[22] سەن ئەگەر كۆڭلۈڭدە: بۇ ئىشلار نېمىشقا بېشىمغا چۈشتى؟ ــ دەپ**
**سورىساڭ، بۇ ئىشلار قەبىھلىكىڭ ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقىدىن**
**بولدى ــ كۆينىكىڭ سالدۇرۇپ تاشلاندى، يوتىلىرىڭ زورلاۋانلىقتا ئا**
**شكارىلاندى. [23] ئېفىئوپىيەلىك قارا تېرىسىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ ياكى**
**يىلپىز چىپار تەڭگىلىرىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ ئۇنداق بولغاندا سىلەر**
**رەزىللىكنى قىلىشقا كۆنگەنلەرمۇ ياخشىلىقنى قىلالايدىغان**
**بولىسىلەر! [24] ئەمدى چۆل-باياۋاندىكى شامال ھەيدىۋەتكەن**
**ساماندەك مەن سىلەرنى ھەيدەپ چاچىمەن.**

---

19:13 **«جەنۇبدىكى شەھەرلەر قورشىۋېلىپ تاقىلىدۇ؛ ئۇلارنى ئاچىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ»** ــ دېمەك، ھېچكىم چىقالمايدۇ، ھېچكىم كىرەلمەيدۇ.

20:13 **«بېشىڭنى كۆتۈر، ئى زىئون، شىمالدىن چىققانلارغا قارا؛ ساڭا تاپشۇرۇلغان پادا، يەنى يېقىملىق پاداڭ نەگە كەتكەندۇ؟»** ــ بۇ ئايەتتىكى پېئىللار «ئايالچە رود»تا بولۇپ، بۇ سۆزلەر بەلكىم يېرۇسالېمغا، يەنى ئۇنىڭدا تۇرغان «خۇدانىڭ خەلقى بولغان پادا باققۇچىلىرى»غا ــ پادىشاھقا، كاھىنلارغا ۋە «پەيغەمبەرلەر»گە ئېيتىلىدۇ.

21:13 **«پەرۋەردىگار سېنى باشقۇرۇشقا دوستلىرىڭنى بېكىتكىنىدە سەن نېمە دېيەلەيتتىڭ؟ ئەسلى ئۆزۈڭ ئۇلارغا باشقۇرۇشنى ئۆگەتكەن تۇرساڭ!»** ــ ئىسرائىلنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى («دوستلار»ى) ئاۋۋال ئاسۇرىيە، ئاندىن بابىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن پايدىلانماقچى بولغان، خالاس (مەسىلەن، «يەشايا» 39-بابنى كۆرۈڭ؛ بابىلنىڭ ئەلچىلىرى يەھۇدانىڭ كۆپ مەلۇماتلىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلغان).

22:13 **«يوتىلىرىڭ زورلاۋانلىقتا ئاشكارىلاندى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «تاپانلىرىڭ زورلاۋانلىقتا يارىلاندى» ــ ۋاپاسىز ئايال بەلكىم ئۆز يولدىشى تەرىپىدىن شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

**22:13** يەش. 2:47، 3؛ يەر. 19:5؛ 10:16

[25] بۇ سىنىڭ ئاقىۋىتىڭ بولىدۇ، مەن ساڭا بېكىتكەن نېسىۋەڭ، —
دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ چۈنكى سەن مېنى ئۇنتۇغانسەن، يالغانچىلىققا
تايانغانسەن. [26] شۇڭا مەن كۆينىكىڭنىڭ پەشلىرىنى يۈزۈڭ ئۈستىگە
كۆتۈرۈپ تاشلايمەن، نومۇسۇڭ كۆرۈلىدۇ. [27] ئاھ، سېنىڭ زىنالىرىڭ،
ئايغىرنىڭكىدەك پوخۇر كىشنەشلىرىڭ، ئېگىزلىكلەردە ۋە
ئېتىزلاردا بولغان بۇزۇقچىلىقلىرىڭنىڭ پەسكەشلىكى! — بارلىق
يىرگىنچلىكلىرىڭنى كۆردۈم! ھالىڭغا ۋاي، ئى يېرۇسالېم! سەن پاك
قىلىنىشنى قاچانغىچە رەت قىلماقچىسەن؟!

## قۇرغاقچىلىقلار ئۈستىدە بولغان مەرسىيە

14 [1] يەرەمىياغا چۈشكەن، پەرۋەردىگارنىڭ قۇرغاقچىلىقلار
توغرۇلۇق سۆزى: —

## «يەرەمىيانىڭ مەرسىيەسى ۋە دۇئاسى»

[2] يەھۇدا ماتەم تۇتىدۇ، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى زاۋالغا يۈز تۇتماقتا،
خەلق يەرگە چاپلىشىپ قارىلىق تۇتىدۇ؛ يېرۇسالېمدىن نالە-پەرياد
كۆتۈرۈلمەكتە. [3] مۆتىۋەرلىرى چاپارمەنلىرىنى سۇ ئەكىلىشكە

---

25:13 **«سەن مېنى ئۇنتۇغانسەن، يالغانچىلىققا تايانغانسەن»** — «يالغانچىلىق» مۇشۇ يەردە بەلكىم بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

27:13 **«ئاھ، سېنىڭ زىنالىرىڭ، ئايغىرنىڭكىدەك پوخۇر كىشنەشلىرىڭ، ئېگىزلىكلەردە ۋە ئېتىزلاردا بولغان بۇزۇقچىلىقلىرىڭنىڭ پەسكەشلىكى! ...»** — بۇ ئايەت شۈبھىسىزكى، بۇتپەرەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ خۇدانىڭ كۆز ئالدىدا يىرگىنچلىك زىناخورلۇققا ئوخشاشتۇر. لېكىن ئوقۇرمەنلەرگە شۇ بەلكىم ئايانكى، مۇنداق بۇتپەرەسلىك خۇداغا ۋاپاسىزلىق بولۇپ روھىي جەھەتتە پاھىشىۋازلىق بولۇپلا قالماي، پەلەستىندىكى بۇتپەرەسلىكتە كىشلەر بۇتلىرىغا «ئاتالغان»، بۇتخانىدا تۇرغان پاھىشە ئاياللارغا پۇل بېرىپ ئۇلار بىلەن ياتاتتى.

2:14 **«يەھۇدا ماتەم تۇتىدۇ، ... خەلق يەرگە چاپلىشىپ قارىلىق تۇتىدۇ؛ يېرۇسالېمدىن نالە-پەرياد كۆتۈرۈلمەكتە»** — بىزنىڭچە بۇ 2-9-ئايەتلەر —«يەرەمىيانىڭ مەرسىيەسى ۋە دۇئاسى». بىزنىڭچە 1-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «پەرۋەردىگارنىڭ قۇرغاقچىلىقلار توغرۇلۇق سۆزى» رەسمىي ھالدا 10-ئايەتتە باشلىنىدۇ.

ئەۋەتىدۇ؛ ئۇلار سۇ ئازگاللىرىغا بارىدۇ، لېكىن ھېچ سۇ تاپالمايدۇ؛
ئۇلارنىڭ كۆپلىرى قۇرۇق قايتىپ كېلىدۇ؛ ئۇلار يەرگە قاراپ قالىدۇ،
ساراسىمىگە چۈشىدۇ؛ ئۇلار بېشىنى يېپىپ تۆۋەن ساڭگىلىتىدۇ.
[4] ھېچ يامغۇر بولمىغاچقا يەر يۈزى يېرىلىپ كەتتى؛ يەر ھەيدىگۈچىلەر
يەرگە قاراپ بېشىنى يېپىپ تۆۋەن ساڭگىلىتىدۇ. [5] مارال بولسا دالادا بالا
قوزىلايدۇ، ئاندىن قوزىسىدىن ۋاز كېچىدۇ؛ چۈنكى ئوت-چۆپ يوق. [6] ياۋا
ئېشەكلەر ئېگىزلىكلەردە تۇرۇپ چىلبۆرىلەردەك ھاسىراپ كېتىدۇ؛
ئوزۇق ئىزدەپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئوزۇق يوق.

## يەرەمىيانىڭ دۇئاسى

[7] — ئى پەرۋەردىگار، قەبىھلىكلىرىمىز بىزنى ئەيىبلەپ گۇۋاھلىق
بەرگىنى بىلەن، ئۆزۈڭنىڭ نامىڭ ئۈچۈن بىر ئىشنى قىلغايسەن!
چۈنكى بىزنىڭ يولۇڭدىن چىقىپ كېتىشىمىز ئىنتايىن كۆپتۇر؛ بىز
سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ سادىر قىلدۇق. [8] ئى ئىسرائىلنىڭ ئارزۇسى،
كۈلپەت چۈشكەندە ئۇلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولغۇچى، سەن نېمىشقا
بىزگە زېمىنىمىزدىكى مۇساپىردەك، بىر كېچىلا قونىماقچى بولغان
بىر يولۇچىدەك بولىسەن؟ [9] نېمىشقا ھېچ ئامالسىز كىشىدەك،
ھېچكىمنى قۇتقۇزالمايدىغان بىر پالۋانغا ئوخشاش بولىسەن؟ لېكىن
سەن، ئى پەرۋەردىگار، ئارىمىزدا تۇرىسەن، بىز سېنىڭ نامىڭ بىلەن
ئاتالغاندۇرمىز؛ بىزدىن ۋاز كېچىپ كەتمە!

—بەزى ئالىملار 2-6-ئايەتلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ (بېشارەت بېرىدىغان) سۆزى، 7-9-ئايەتلەرنى يەرەمىيانىڭ دۇئاسى دەپ قارايدۇ. شۈبھىسىزكى، 10-15-ئايەتلەر ئاندىن بەلكىم 16-18-ئايەتلەر پەرۋەردىگارنىڭ جاۋابى ئىدى.

3:14 **«ئۇلار ... ساراسىمىگە چۈشىدۇ؛ ئۇلار بېشىنى يېپىپ تۆۋەن ساڭگىلىتىدۇ»** — كونا زامانلاردا بېشىنى يېپىش قاتتىق پۇشايمان قىلىش، قاتتىق ئازابلىنىشنى بىلدۈرەتتى.

**6:14** يەر. 4:12

**9:14 «بىز سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتالغاندۇرمىز»** — مەلۇم بىر كىشى باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولسا ئۇنىڭغا مەنسۇپ ۋە ئۇنىڭ مەسئۇللۇقى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا تۇرىدۇ. «ئىسرائىل» (خۇدا بىلەن بولغان شاھزادە) ۋە «يەھۇدا» (مەدھىيە) دېگەن ئىسىملار خۇدانىڭ ئىككى

## پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى رەسمىي باشلىنىدۇ

[10] پەرۋەردىگار مۇشۇ خەلققە مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۇلار دەرھەقىقەت مەندىن
تېزىپ، كېزىشكە ئامراقتۇر؛ ئۇلار قەدەملىرىنى يامان يولدىن ھېچ
تىزگىنلىمەيدۇ؛ پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلاردىن ھېچقانداق خۇرسەنلىكى
يوق؛ ئەمدى ھازىر ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ
گۇناھلىرىنى جازالايدۇ.

## يالغان پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشكە بولغان جازا

[11] ئاندىن پەرۋەردىگار ماڭا: ــ بۇ خەلقنىڭ بەخت-بەرىكىتى ئۈچۈن دۇئا
قىلما ــ دېدى. [12] ــ ئۇلار روزا تۇتقاندا، پەريادىنى ئاڭلىمايمەن؛ ئۇلار
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى ئاشلىق ھەدىيەلىرى بىلەن سۇنغاندا، مەن
ئۇلارنى قوبۇل قىلمايمەن؛ مەن ئۇلارنى قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابالار
ئارقىلىق يوقىتىمەن.
[13] مەن بولسام: ــ ئاھ، رەب پەرۋەردىگار! مانا، پەيغەمبەرلەر
ئۇلارغا: «سىلەر قىلىچنى ھېچ كۆرمەيسىلەر، قەھەتچىلىككىمۇ
دۇچ كەلمەيسىلەر؛ چۈنكى مەن بۇ يەردە سىلەرنىڭ ئامان-
ئېسەنلىكىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمەن» دەيدۇ، ــ دېدىم.
[14] ئەمدى پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ پەيغەمبەرلەر مېنىڭ
نامىمدا يالغان بېشارەتلەر بېرىدۇ؛ مەن ئۇلارنى ئەۋەتمىگەنمەن،
ئۇلارنى بۇيرۇغان ئەمەسمەن، ۋە ئۇلارغا گەپ قىلغىنىم يوق. ئۇلار
سىلەرگە ساختا كۆرۈنۈش، پالچىلىق، ئەرزىمەس نەرسىلەر توغرۇلۇق
ئۆز كۆڭلىدىكى خام خىياللارنى ئېيتىپ بېشارەت بەرمەكتە. [15] شۇڭا

نامىنى كۆرسەتكەن؛ خۇدا ئۆزى ئىسرائىلنى «مېنىڭ خەلقىم» دەپ ئاتىغاندى.

**11:14** مىس. 10:32؛ يەر. 16:7؛ 14:11

**12:14** پەند. 28:1؛ يەش. 15:1؛ يەر. 20:6؛ 21،22:7؛ 11:11؛ ئەز. 18:8؛ مىك. 3:4

14:14 **«ئۇلار سىلەرگە ساختا كۆرۈنۈش، پالچىلىق، ئەرزىمەس نەرسىلەر توغرۇلۇق ئۆز كۆڭلىدىكى خام خىياللارنى ئېيتىپ بېشارەت بەرمەكتە»** ــ «ئەرزىمەس نەرسىلەر» بەلكىم بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

**14:14** يەر. 21:23؛ 15:27؛ 8:29، 9

پەرۋەردىگار: ــ مېنىڭ نامىمدا بېشارەت بېرىۋاتقان، مەن ئەۋەتمىگەن، يەنى: «قىلىچ ۋە قەھەتچىلىك بۇ زېمىنغا ھېچ كەلمەيدۇ» دەيدىغان پەيغەمبەرلەر توغرۇلۇق: ــ بۇ پەيغەمبەرلەر قىلىچ ۋە قەھەتچىلىك بىلەن يوقىتىلىدۇ؛ [16] ئۇلار بېشارەت بەرگەن خەلقنىڭ بولسا، قىلىچ ۋە قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن جەسەتلىرى يېرۇسالېم كوچىلىرىغا تاشلىۋېتىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى، ئاياللىرىنى، قىز-ئوغۇللىرىنى كۆمگۈدەك ھېچكىم قالمايدۇ؛ مەن ئۇلارنىڭ رەزىللىكىنى ئۆز بېشىغا تۆكىمەن. [17] سەن ئۇلارغا شۇ سۆزنى ئېيتىسەن: ــ «كۆزلىرىمدىن كېچە-كۈندۈز ياش توختىمىسۇن؛ چۈنكى مېنىڭ پاك قىزىم بولغان خەلقىم يارىسى بۆسۈلگەندەك قاتتىق بىر زەرب يەپ، ئىنتايىن ئېغىر يارىلاندى»، ــ دەيدۇ.

## يەرەمىيا دۇئاسىنى داۋام قىلىدۇ

[18] مەن دالاغا چىقسام، مانا قىلىچتىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر؛ شەھەرگە كىرسەم، مانا قەھەتچىلىكتىن سولىشىپ كەتكەنلەر! چۈنكى پەيغەمبەر ھەم كاھىن ھەر ئىككىسىلا بىلىمسىز-نادان بولۇپ، ئۇلار زېمىندا ئۆز سودىسى بىلەنلا بولۇپ كەتتى. [19] سەن يەھۇدادىن نېمىشقا ۋاز كەچتىڭ؟ جېنىڭ زىئوندىن زېرىكتىمۇ؟ سەن نېمىشقا بىزنى

---

17:14 **«مېنىڭ پاك قىزىم بولغان خەلقىم»** ــ «پاك **قىزىم** بولغان خەلقىم»، ۋە «زىئون **قىزى**» «خەلقىمنىڭ **قىزى**» قاتارلىق ئىبارىلەر خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە ياكى باشقا خەلق (مەسىلەن، «مىسىرنىڭ **قىزى**»، 11:46)قە بولغان مېھىر-شەپقىتىنى، ئۇلارغا باغلىغان مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدىغان مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**17:14** يەر. 17:13؛ يىغ. 16:1؛ 18:2

18:14 **«چۈنكى پەيغەمبەر ھەم كاھىن ھەر ئىككىسىلا ... زېمىندا ئۆز سودىسى بىلەنلا بولۇپ كەتتى»** ــ پەيغەمبەرلەر ۋە كاھىنلار سودا بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. مۇشۇ ئايەتتىكى «سودىسى» ئۇلارنىڭ «خۇدانىڭ سۆزىنى بۇرمىلاپ ساتىدىغانلىقى»نى كۆرسىتىدۇ.

—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...پەيغەمبەر ھەم كاھىن ھەر ئىككىسى ھېچ بىلمەيدىغان بىر زېمىنغا چىقىپ كەتتى».

شۇنچە داۋالىغۇسىز دەرىجىدە ئۇرغانىدىڭ؟ بىز ئارام-تىنچلىقنى
كۈتتۇق، لېكىن ھېچ قۇتلۇق كۈنلەر يوقتۇر؛ شىپالىق بىر ۋاقىتنى
كۈتتۇق، لېكىن مانا دەككە-دۈككە ئىچىدىدۇرمىز! [20] ئى پەرۋەردىگار،
رەزىللىكىمىزنى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبىھلىكىنى تونۇپ ئىقرار
قىلىمىز؛ چۈنكى سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ سادىر قىلدۇق. [21] ئۆزۈڭ
نامىڭ ئۈچۈن يېرۇسالېمنى كۆزۈڭگە ئىلماي قويمىغايسەن؛ شان-
شەرەپلىك تەختىڭ بولغان جايىنى رەسۋا قىلمىغايسەن؛ ئەھدەڭنى
ئېسىڭگە كەلتۈرگەيسەن، ئۇنى بۇزمىغايسەن! [22] ئەللەر چوقۇنىدىغان
«ئەرزىمەسلەر» ئارىسىدا يامغۇر ياغدۇرغۇچى بارمىدۇ؟ يېغىننى
ئاسمانلار ئۆزلىرىلا بېرەمدۇ؟ بۇلارنى ئەمەلدە كۆرسەتكۈچى سەن
ئەمەسمۇ، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز! شۇڭا سېنى تەلپۈنۈپ كۈتىمىز؛
چۈنكى سەنلا بۇلارنى قىلغۇچىدۇرسەن.

15 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ «مۇسا ياكى سامۇئىل
پەيغەمبەرلەر ئالدىمدا تۇرغان بولسىمۇ، كۆڭلۈم بۇ خەلققە
ھېچ قارىمايتتى. ئۇلارنى كۆز ئالدىمدىن كەتكۈزۈۋەت! ئۇلار مەندىن
نېرى چىقىپ كەتسۇن! [2] ئەگەر ئۇلار سەندىن: «بىز نەگە چىقىپ
كېتىمىز؟» دېسە، سەن ئۇلارغا: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۆلۈمگە
بېكىتىلگەنلەر ئۆلۈمگە، قىلىچقا بېكىتىلگەنلەر قىلىچقا،

---

**19:14** يەر. 15:8

**20:14** زەب. 106:6؛ دان. 9:8

21:14 **«شان-شەرەپلىك تەختىڭ بولغان جايىنى رەسۋا قىلمىغايسەن»** ــ «شان-شەرەپلىك تەختىڭ» بەلكىم يېرۇسالېمدا تۇرغان مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ.

**22:14** زەب. 135:7؛ 147:8؛ يەش. 30:23؛ يەر. 5:24؛ 10:13

1:15 **«پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ «مۇسا ياكى سامۇئىل پەيغەمبەرلەر ئالدىمدا تۇرغان بولسىمۇ،...»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولىدۇكى، مۇسا ۋە سامۇئىل ھەزرەتلەر ئىسرائىل خەلقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم گۇناھلىرىنى تىلىۋالغان (مەسىلەن، «مىس.» 32-باب، «1سام.» 7-بابنى كۆرۈڭ).

**1:15** مىس. 32:14؛ 1سام. 9:7؛ ئەز. 14:14

قەھەتچىلىككە بېكىتىلگەنلەر قەھەتچىلىككە، سۈرگۈن بولۇشقا
بېكىتىلگەنلەر سۈرگۈن بولۇشقا كېتىدۇ» ــ دەيسەن. [3] چۈنكى مەن
تۆت خىل جازا بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
ــ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچ، تىتما-تىتما قىلىش ئۈچۈن ئىتلار،
يۇتۇش ۋە ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار ۋە يەر-
زېمىندىكى ھايۋاناتلارنى جازا بولۇشقا بېكىتتىم؛ [4] يەھۇدا پادىشاھى
ھەزەكىيانىڭ ئوغلى ماناسسەھنىڭ يېرۇسالېمدا قىلغانلىرى
تۈپەيلىدىن مەن ئۇلارنى يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلار ئارىسىدا
ۋەھىمىگە سالغۇچى بىر ئوبيېكت قىلىمەن.
[5] چۈنكى كىم ساڭا ئىچىنى ئاغرىتىدۇ، ئى يېرۇسالېم؟ كىم سەن ئۈچۈن
ئاھ-زار ئۇرىدۇ؟ كىم ئەھۋالىڭنى سوراشقا يولدا توختاپ يېنىڭغا با
رىدۇ؟ [6] سەن مېنى تاشلىۋەتكەنسەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ سەن
چېكىنىپ كەتتىڭ؛ مەن ئۈستۈڭگە قولۇمنى سوزۇپ سېنى نابۇت
قىلىشقا تۇردۇم؛ مەن ساڭا ئىچىمنى ئاغرىتىشتىن ھالسىراپ كەتتىم.
[7] شۇڭا مەن ئۇلارنى زېمىندىكى شەھەر قوۋۇقلىرىدا يەلپۈگۈچ بىلەن
سورۇۋېتىمەن؛ مەن ئۇلارنى بالىلاردىن جۇدا قىلىمەن ۋە خەلقىمنى نابۇت
قىلىمەن؛ ئۇلار ئۆز يوللىرىدىن ھېچ يانمىدى. [8] كۆز ئالدىمدا ئۇلارنىڭ
تۇل خوتۇنلىرى دېڭىز قۇملىرىدىن كۆپىيىپ كېتىدۇ؛ چۈش ۋاقتىدا
مەن ئۇلارغا، يەنى يىگىتلەرنىڭ ئانىسىغا بىر ھالاك قىلغۇچىنى

---

2:15 **«ئۆلۈمگە بېكىتىلگەنلەر ئۆلۈمگە... كېتىدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۆلۈم» بەلكىم ۋابا ئارقىلىق بولغان ئۆلۈمنى كۆرسىتىدۇ.

**2:15** زەك. 9:11

**3:15** لاۋ. 16:26؛ يەر. 33:7

4:15 **«يەھۇدا پادىشاھى ھەزەكىيانىڭ ئوغلى ماناسسەھنىڭ يېرۇسالېمدا قىلغانلىرى ...»** ــ «2پاد.» 21-بابنى كۆرۈڭ.

**4:15** قان. 25:28

**5:15** يەش. 19:51

**6:15** يەر. 7:5

**7:15** يەر. 11:4

ئېلىپ كېلىمەن؛ مەن ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ بېشىغا دەرد ۋە ۋەھىمە
چۈشۈرىمەن. [9] يەتتە بالىنى تۇغقان ئانا سولىشىپ تىنىقىدىن قالاي
دەپ قالىدۇ؛ كۈپكۈندۈزدە بۇ ئانىنىڭ قۇياشى تۇيۇقسىز مەغرىبكە
پاتىدۇ؛ ئۇ شەرمەندە بولۇپ خورلۇق-ھاقارەتلەرگە ئۇچرايدۇ. ئۇلاردىن
قالغانلارنى بولسا مەن دۈشمەنلەر ئالدىدا قىلىچقا تاپشۇرىمەن، —
دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## يەرەمىيا داد-پەرياد كۆتۈرىدۇ، پەرۋەردىگار جاۋاب بېرىدۇ

[10] ئاھ، ئانا، ھالىمغا ۋاي، چۈنكى سەن مېنى پۈتكۈل زېمىن بىلەن
قارىشىلىشىدىغان بىر ئادەم، ئۇلار بىلەن ئېلىشىدىغان بىر ئادەم
سۈپىتىدە تۇغقانسەن! مەن ئۇلارغا ئۆسۈمگە قەرزىمۇ بەرمىدىم،
ياكى ئۇلاردىن ئۆسۈمگە قەرزمۇ ئالمىدىم؛ لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى
مېنى قارغايدۇ!
[11] پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى: — بەرھەق، مەن بەختىڭگە سېنى ئازاد
قىلىمەن؛ كۈلپەت ۋە بالايىئاپەت بولغان كۈندە مەن ساڭا دۈشمەننى
چىرايلىق ئۇچراشتۇرىمەن.

---

**8:15 «چۈش ۋاقتىدا مەن ئۇلارغا، يەنى يىگىتلەرنىڭ ئانىسىغا بىر ھالاك قىلغۇچىنى ئېلىپ كېلىمەن»** — «چۈش ۋاقتى» بەلكىم دەم ئالىدىغان ۋاقىت، ھۇجۇم قىلىشقا مۇۋاپىق ئىدى.

**9:15** ئام. 9:8

**10:15** ئايۇپ 3؛ يەر. 18-14:20

**11:15 «بەرھەق، مەن بەختىڭگە سېنى ئازاد قىلىمەن؛ كۈلپەت ۋە بالايىئاپەت بولغان كۈندە مەن ساڭا دۈشمەننى چىرايلىق ئۇچراشتۇرىمەن»** — بۇ ئايەتتىكى ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش تەس. ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، بۇ سۆزلەرنى خۇدا يەرەمىياغا، ياكى خەلققە ئېيتقانمۇ؟ خەلققە بولسا، تەرجىمىسى بەلكىم: «مەن ساڭا (ئاخىرىدا) ياخشى بولسۇن دەپ سېنى (زېمىنىڭدىن) نېرى كەتكۈزىمەن (دېمەك، سۈرگۈن قىلىمەن)؛ كۈلپەت ۋە بالايىئاپەت بولغان كۈندە مەن سېنى دۈشمەن بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن».
—بىرىنچىچە سۆزلەر يەرەمىياغا ئېيتىلغان؛ 40-باب، 1-5-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

## خەلققە بولغان سۆز

[12] تۆمۈر سۇنامدۇ؟ شىمالدىن چىققان تۆمۈر، ياكى مىس سۇنامدۇ؟
[13] بەلكى قىلغان بارلىق گۇناھلىرىڭ تۈپەيلىدىن، ئۇ چېتىڭدىن بۇ
چېتىڭگىچە مەن بايلىقلىرىڭ ھەم خەزىنىلىرىڭنى ئولجا بولۇشقا
ھەقسىز تاپشۇرىمەن؛ [14] مەن سېنى دۈشمەنلىرىڭ بىلەن بىللە سەن
ھېچ بىلمەيدىغان بىر زېمىنغا ئۆتكۈزىمەن؛ چۈنكى غەزىپىمدە بىر
ئوت قوزغالدى، ئۇ ئۈستۈڭگە چۈشۈپ سېنى كۆيدۈرىدۇ.

## يەرەمىيا يەنە داد ئېيتىدۇ

[15] ئى پەرۋەردىگار، سەن ھالىمنى بىلىسەن؛ مېنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن،
ماڭا يېقىن كېلىپ مەندىن خەۋەر ئالغايسەن ۋە ماڭا زىيانكەشلىك
قىلغۇچىلاردىن ئىنتىقامىمنى ئالغايسەن؛ سەن ئۇلارغا سەۋر-
تاقەت كۆرسەتكۈڭ بولسىمۇ، مېنى يوقاتمىغايسەن! مېنىڭ سېنى

12:15 **«شىمالدىن چىققان تۆمۈر، ياكى مىس سۇنامدۇ؟»** ــ شۇ دەۋردە «قارا دېڭىز» بويىدا (شىمالدىن) ئىنتايىن قاتتىق بىرخىل تۆمۈر (ئەمەلىيەتتە، پولات) ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. ئەسلى تېكستنى چۈشىنىش تەس. باشقا بىر تەرجىمىسى: «(سىلەر) تۆمۈر ۋە مىستەك بىر خەلقسىلەر، سىلەر شىمالدىن كەلگەن تۆمۈرنى سۇندۇرالامسىلەر؟».

**12:15** يەر. 28:6

13:15 **«بەلكى قىلغان بارلىق گۇناھلىرىڭ تۈپەيلىدىن، ئۇ چېتىڭدىن بۇ چېتىڭگىچە مەن بايلىقلىرىڭ ھەم خەزىنىلىرىڭنى ئولجا بولۇشقا ھەقسىز تاپشۇرىمەن؛ »** ــ ئايەتنىڭ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «بەلكى ئۇ چېتىڭدىن بۇ چېتىڭگىچە قىلغان بارلىق گۇناھلىرىڭ تۈپەيلىدىن مەن بايلىقلىرىڭ ھەم خەزىنىلىرىڭنى ئولجا بولۇشقا ھەقسىز تاپشۇرىمەن».

**13:15** يەر. 3:17

14:15 **«مەن سېنى دۈشمەنلىرىڭ بىلەن بىللە سەن ھېچ بىلمەيدىغان بىر زېمىنغا ئۆتكۈزىمەن»** ــ باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى: «... مەن ئۇلارنى (بايلىقلىرىڭنى) دۈشمەنلىرىڭ بىلەن سەن ھېچ بىلمەيدىغان بىر زېمىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن» ياكى «سىلەرنى ھېچ بىلمەيدىغان بىر زېمىندا دۈشمەنلىرىڭنىڭ قۇللۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن».

**14:15** قان. 22:32

دەپ خورلىنىۋاقانلىقىمنى بىلگەيسەن. [16] سۆزلىرىڭگە ئېرىشىپ، ئۇلارنى يەۋالدىم؛ سۆزلىرىڭ ھەم مېنى شادلاندۇرغۇچى ۋە قەلبىمنىڭ خۇشاللىقى بولغان؛ چۈنكى مەن سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتالغانمەن، ئى پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا! [17] مەن بەزمە قىلغۇچىلارنىڭ سورۇنىدا ئولتۇرمىدىم؛ سېنىڭ مېنى تۇتقان قولۇڭ تۈپەيلىدىن يالغۇز ئولتۇردۇم؛ چۈنكى سەن مېنى ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى بىلەن قاتتىق غەزەپلەندۇردۇڭ. [18] مېنىڭ ئازابىم نېمىشقا توختىمايدۇ، مېنىڭ يارامنىڭ داۋاسى يوق، نېمىشقا شىپا تاپمايدۇ؟ سەن ماڭا خۇددى «ئالدامچى ئېرىق» ۋە تۈيۈقسىز غايىب بولىدىغان سۇلاردەك بولماقچىسەن؟

## پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىياغا بولغان جاۋابى

[19] شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سەن ھازىرقى ھالىتىڭدىن يېنىپ يېنىمغا قايتساڭ، مەن قايتىدىن سېنى ئالدىمدىكى خىزمەتتە تۇرۇشقاياندۇرۇپ كېلىمەن؛ سەن قىممەتلىك سۆزلەر بىلەن ئەرزىمەس سۆزلەرنى پەرقلەندۈرەلىسەڭ، سەن يەنە ئاغزىمدەك بولىسەن؛ بۇ خەلق سەن تەرەپكە قايتىپ كەلسۇن، لېكىن سەن

---

15:15 **«ماڭا يېقىن كېلىپ مەندىن خەۋەر ئالغايسەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مېنى يوقلىغايسەن». **«سەن ئۇلارغا سەۋر-تاقەت كۆرسەتكۈڭ بولسىمۇ، مېنى يوقاتمىغايسەن! مېنىڭ سېنى دەپ خورلىنىۋاقانلىقىمنى بىلگەيسەن»** ــ يەرەمىيانىڭ دېمەكچى بولغىنى، خۇدا دۈشمەنلىرىگە سەۋر-تاقەت قىلىپ، ئۆزىنى (يەرەمىيانى) يەنە ئەۋەتىپ، ئۆزى ئارقىلىق ئۇلارغا توۋا قىلىش پۇرسىتى بەرمەكچى بولسا، ئۇنداقتا، ئەكسىچە، ئۇلار توۋا قىلماي، يەرەمىيانى ئۆلتۈرۈۋېتىش خەۋپ-خەتىرى بار ئىدى.

**15:15** يەر. 20:11

**17:15** زەب. 1:1

18:15 **«سەن ماڭا خۇددى «ئالدامچى ئېرىق» ۋە تۈيۈقسىز غايىب بولىدىغان سۇلاردەك بولماقچىسەن؟»** ــ ئوتتۇرا شەرقتە، چۆل-باياۋاندا بەزى ئېرىقلار توساتتىن يوقاپ كەتكەچكە، «ئالدامچى ئېرىق»لار دەپ ئاتىلىدۇ. شۇلارغا ئىشەنگەن، بويلاپ ماڭىدىغان يولۇچىلار بەلكىم ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

**18:15** ئايۇپ 6:15-30؛ يەر. 15:30

ئۇلارنىڭ تەرىپىگە ھەرگىز قايتماسلىقىڭ كېرەك؛ [20]ۋە مەن سېنى
بۇ خەلققە نىسبەتەن مىستىن قوپۇرۇلغان، مۇستەھكەم بىر سېپىل
قىلىمەن؛ ئۇلار ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۈستۈڭدىن غەلىبە
قىلالمايدۇ؛ چۈنكى مەن سېنى قۇتقۇزۇشقا، ئۇلاردىن خالاس قىلىشقا
سەن بىلەن بىللىدۇرمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار. [21]ــ بەرھەق، مەن
سېنى رەزىللەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزىمەن؛ ئەشەددىيلەرنىڭ
چاڭگىلىدىن قۇتقۇزىدىغان نىجاتكارىڭ بولىمەن.

## يەرەمىياغا توي قىلماسلىق، ماتەم تۇتماسلىق ۋە بەزمىلەرگە قاتناشماسلىق بۇيرۇلىدۇ

16 [1]پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ [2]سەن
ئايال زاتىنى ئەمرىڭگە ئالمايسەن، شۇنداقلا مۇشۇ زېمىندا
ئوغۇل-قىز پەرزەنت تاپمايسەن. [3]چۈنكى پەرۋەردىگار بۇ يەردە تۇغۇلغان
ئوغۇل-قىزلار، بۇ زېمىندا ئۇلارنى تۇغقان ئانىلار ۋە ئۇلارنى تۇغدۇرغان
ئاتىلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ــ [4]ئۇلار ئەلەملىك كېسەللەر
بىلەن ئۆلىدۇ؛ ئۇلار ئۈچۈن ھېچ ماتەم تۇتۇلمايدۇ، ئۇلار كۆمۈلمەيدۇ؛
ئۆلۈكلىرى تېزەكتەك تۇپراق يۈزىدە ياتىدۇ، ئۇلار قىلىچ، قەھەتچىلىك
بىلەن يەپ كېتىلىدۇ؛ جەسەتلىرى ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار ۋە
زېمىندىكى ھايۋاناتلار ئۈچۈن ئوزۇق بولىدۇ. [5]چۈنكى پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ سەن يەرەمىيا، ھازا بولۇۋاتقان ھېچبىر ئۆيگە كىرمە،
ياكى ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئاھ-زار كۆتۈرۈش ياكى ئۆكۈنۈشكە بارما؛
چۈنكى مەن بۇ خەلقتىن خاتىرجەملىكىمنى، مېھىر-مۇھەببىتىمنى
ۋە رەھىمدىللىقلىرىمنى ئېلىپ تاشلىدىم، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[6]ئۇلۇغلاردىن تارتىپ پەسلەرگىچە بۇ زېمىندا ئۆلىدۇ؛ ئۇلار يەرگە
كۆمۈلمەيدۇ؛ ھېچكىم ئۇلار ئۈچۈن ئاھ-زار كۆتۈرمەيدۇ، ياكى ئۇلارنى

**20:15** يەر. 18:1

**4:16** يەر. 33:7؛ 22:9؛ 16:14؛ 2:15، 3؛ 33:25؛ 20:34

دەپ، يا ئەتلىرىنى تىلمايدۇ، يا چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ؛
[7]ئۇلار قارىلىق تۇتقانلارنى يوقلاپ، نان ئۇشتۇمايدۇ، ئۆلگەنلەر
ئۈچۈن كۆڭۈل سورىمايدۇ؛ ئاتا-ئانىسى ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ھېچكىم
تەسەللى قەدەھىنى سۇنمايدۇ. [8]سەن بولساڭ ئەل-يۇرت بىلەن بىللە
يەپ-ئىچىشكە توي-بەزمە بولغان ئۆيگىمۇ كىرمە؛ [9]چۈنكى ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئۆز كۈنلىرىڭلاردا ۋە ئۆز كۆز ئالدىڭلاردا،
بۇ يەردىن تاماشىنىڭ ساداسىنى، شاد-خۇراملىق ساداسىنى ۋە تويى
بولۇۋاتقان يىگىت-قىزنىڭ ئاۋازلىرىنى توختىتىمەن.

## سۈرگۈن بولۇش، ئاندىن زېمىنغا قايتۇرۇلۇش

[10]شۇنداق بولىدۇكى، سەن بۇ خەلققە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى
ئېيتقىنىڭدا، ئۇلار سەندىن: «نېمىشقا پەرۋەردىگار مۇشۇنداق
زور بىر كۈلپەتنى بېشىمىزغا چۈشۈرۈشكە بېكىتكەن؟ بىزنىڭ
قەبىھلىكىمىز زادى نېمە؟ پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئالدىدا زادى
سادىر قىلغان نېمە گۇناھىمىز باردۇ؟» ــ دەپ سورايدۇ. [11]ئەمدى
سەن ئۇلارغا مۇنداق دەيسەن: ــ چۈنكى ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مەندىن ۋاز
كەچكەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ ھەمدە باشقا ئىلاھلارغا ئەگىشىپ
ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدا بولغان، ئۇلارغا چوقۇنغان؛ ئۇلار مەندىن ۋاز
كەچكەن، تەۋرات-قانۇنۇمنى ھېچ تۇتمىغان؛ [12]سىلەر بولساڭلار، ئاتا-

---

**6:16 «ئەتلىرىنى تىلىش» ۋە «چاچنى چۈشۈرۈش»** ــ بۇلار قاتتىق قايغۇنى بىلدۈرەتتى. «ئەتلىرىنى كېسىش» ئادىتى تەۋراتتا مەنئى قىلىنغان.

**6:16** لاۋ. 28:19؛ قان. 1:14

**9:16** يەش. 7:24، 8؛ يەر. 34:7؛ 10:25؛ ئەز. 13:26

**10:16 «سەن بۇ خەلققە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقىنىڭدا، ئۇلار سەندىن: «... پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئالدىدا زادى سادىر قىلغان نېمە گۇناھىمىز باردۇ؟» ــ دەپ سورايدۇ»** ــ شۈبھىسىزكى، يەرەمىيانىڭ ئۇلارنىڭ توي-نەزىرلىرىگە كىرمەسلىكى ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايتتى.

**10:16** يەر. 19:5

بوۋىلىرىڭلاردىن تېخىمۇ بەتتەر قىلغانسىلەر؛ مانا، ھەربىرىڭلار
ئۆز رەزىل كۆڭلىدىكى جاھىللىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ماڭا ھېچ
قۇلاق سالمىغانسىلەر؛ [13] شۇڭا مەن سىلەرنى بۇ زېمىندىن ئېلىپ،
سىلەر ياكى ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ھېچ بىلمەيدىغان باشقا بىر زېمىنغا
تاشلايمەن؛ سىلەر شۇ يەردە كېچە-كۈندۈز باشقا ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىدا
بولىسىلەر؛ چۈنكى مەن سىلەرگە ھېچ مېھرىنى كۆرسەتمەيمەن.
[14] شۇڭا مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
ــ «ئىسرائىللارنى مىسىر زېمىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىقارغان
پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن!» دېگەن قەسەم قايتىدىن ئىش
لىتىلمەيدۇ، [15] بەلكى شۇ كۈنلەردە «ئىسرائىللارنى شىمالىي
زېمىندىن ۋە ئۆزى ئۇلارنى ھەيدىگەن بارلىق زېمىنلەردىن
قۇتقۇزۇپ چىقارغان پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن!» دەپ قەسەم
ئىچىلىدۇ. چۈنكى مەن ئۇلارنى ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقدىم قىلغان
زېمىنغا قايتۇرىمەن. [16] ھالبۇكى، مانا ھازىر بولسا، مەن نۇرغۇن
بېلىقچىلارنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى تۇتقۇزۇشقا چاقىرىمەن، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار؛ ــ ئاندىن نۇرغۇن ئوۋچىلارنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى
قوغلاپ ئوۋلاشقا چاقىرىمەن؛ ئۇلار ئۇلارنى ھەربىر تاغدىن،
ھەربىر ئېگىزلىكتىن، قىيا تاشلارنىڭ غار-قىسىلچاقلىرىدىن
تېپىۋالىدۇ. [17] چۈنكى كۆزلىرىم ئۇلارنىڭ بارلىق يوللىرى ئۈستىدە
تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئالدىمدا ھېچ سۇقۇنالمىدى، ئۇلارنىڭ قەبىھلىكى
كۆزلىرىمدىن ھېچ يوشۇرۇلمىدى. [18] لېكىن مەن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ
قەبىھلىكىنى ۋە گۇناھىنى بېشىغا ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن؛

---

**12:16** يەر. 3:17؛ 7:26؛ 9:14؛ 11:10؛ 13:10؛ 17:23

**13:16** قان. 4:27؛ 28:65،64

**14:16** يەر. 23:7، 8

**16:16** **«مەن... نۇرغۇن بېلىقچىلارنى ... نۇرغۇن ئوۋچىلارنى ئەۋەتىپ...»** ــ «بېلىقچىلار» ۋە «ئوۋچىلار» بولسا دۈشمەنلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**17:16** ئايۇپ 34:21؛ پەند. 5:21؛ يەر. 32:19

چۈنكى ئۇلار زېمىنىمنى يىرگىنچلىك نەرسىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن بۇلغىغان، مېنىڭ مىراسىمنى لەنەتلىك نەرسىلىرى بىلەن تولدۇرغان.

## يەرەمىيا سۆز قىستۇرىدۇ

[19] ــ ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنىڭ كۈچۈم ۋە قورغىنىمسەن، ئازاب-ئوقۇبەت كۈنىدە باشپاناھىمسەن. ئەللەر بولسا يەر يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىدىن يېنىڭغا كېلىدۇ ۋە: «بەرھەق، ئاتا-بوۋىلىرىمىز يالغانچىلىق ھەم بىمەنىلىككە مىراسخورلۇق قىلغان؛ بۇ نەرسىلەردە ھېچ پايدا يوقتۇر. [20] ئىنسانلار ئۆز-ئۆزىگە خۇدالارنى ياسىيالامدۇ؟! لېكىن ياسىغىنى خۇدا ئەمەستۇر!» ــ دەيدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى

[21] ــ شۇڭا، مانا، مەن بۇ قېتىم بۇ رەزىل خەلققە شۇنى ئۇبدان بىلدۈرىمەن، ــ ئۇلارغا مېنىڭ قولۇم ۋە كۈچ-قۇدرىتىمنى ئوبدان بىلدۈرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ نامىمنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ!

---

18:16 **«يىرگىنچلىك نەرسىلىرى... لەنەتلىك نەرسىلىرى...»** ــ بۇتلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. «يىرگىنچلىك نەرسىلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى» ــ بەلكىم «دەرۋەقە، ئەرزىمەسلەر!» دەپ تاشلىۋەتكەن بۇتلىرىنى ياكى شۇ بۇتلارغا قۇربانلىق قىلغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**18:16** يەر. 2:3؛ ئەز. 7:43

19:16 **«بەرھەق، ئاتا-بوۋىلىرىمىز يالغانچىلىق ھەم بىمەنىلىككە مىراسخورلۇق قىلغان»** ــ «يالغانچىلىق ھەم بىمەنىلىك» يەنە «ساختا ئىلاھلار»، بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

21:16 **«شۇڭا، مانا، مەن بۇ قېتىم بۇ رەزىل خەلققە شۇنى ئوبدان بىلدۈرىمەن، ــ ئۇلارغا مېنىڭ قولۇم ۋە كۈچ-قۇدرىتىمنى ئوبدان بىلدۈرىمەن...»** ــ بۇ جۈملىدىكى ئەڭ مۇھىم سۆز «شۇڭا»دۇر. ئەگەر كەلگۈسىدە «يات ئەللەر» خۇدانى ئوبدان تونۇيدىغان بولسا، ئۇنداقتا خۇدانىڭ ئۆز خەلقى بولغان ئىسرائىل خۇدانى تونۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟

**21:16** يەر. 2:33

17 1 يەھۇدانىڭ گۇناھى ئالماس ئۇچلۇق تۆمۈر قەلەم بىلەن
تاشتاختاي كەبى يۈرەكلىرىگە ۋە قۇربانگاھلىرىدىكى
مۈڭگۈزلەرگە ئويۇلغان؛ 2 باللىرىمۇ يېشىل دەرەخلەر بويىدا
تىكلەنگەن، ئېگىز دۆڭلەر ئۈستىدە ياسىغان بۇتلىرىنىڭ
قۇربانگاھلىرىنى ۋە «ئاشەراھ»لىرىنى ھەردائىم سېغىنىدۇ.
3 مەن تاغلىرىڭلاردا ۋە ئېتىزلىرىڭلاردا، ھەم بايلىقلىرىڭنى ھەم
خەزىنىلىرىڭنى، ــ سېنىڭ «يۇقىرى جايلار»ىڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا
ئەمەس ــ بۇ چېتىڭدىن ئۇ چېتىڭگىچە بولغان گۇناھىڭ تۈپەيلىدىن
ئولجا بولۇشقا تاپشۇرىمەن؛ 4 ئۆزۈڭنىڭ شورى، مەن ساڭا تەقدىم
قىلغان مىراسىڭ قولۇڭدىن كېتىدۇ؛ مەن سەن تونۇمايدىغان بىر
زېمىندا سېنى دۈشمەنلىرىڭنىڭ قۇللۇقىغا تاپشۇرىمەن؛ چۈنكى
سىلەر غەزىپىمگە ئوت يېقىپ ئۇنى قوزغىغانسىلەر؛ ئۇ مەڭگۈگە
كۆيىدۇ.

## بىرنەچچە ھېكمەتلىك سۆزلەر

5 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ئادەمگە تايانغان، ئادەمنىڭ ئەت-كۈچىنى تايانچى قىلغان، قەلبى
پەرۋەردىگاردىن چەتنىگەن ئادەمنىڭ ھالىغا لەنەت بولسۇن! 6 ئۇ چۆل-
باياۋاندا ئۆسكەن قارا ئارچا چاتقىلىدەك بولىدۇ؛ بەخت-ياخشىلىق

---

**1:17** يەر. 13:11

2:17 **««ئاشەراھ»لار** ــ بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم «ئايال مەبۇد» شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

**2:17** يەر. 20:2

3:17 **«مەن تاغلىرىڭلاردا ۋە ئېتىزلىرىڭلاردا، ھەم بايلىقلىرىڭنى ھەم خەزىنىلىرىڭنى... تاپشۇرىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «دالىدا تۇرغان مېنىڭ تېغىمنى بولسا، ھەم بايلىقلىرىڭنى ھەم خەزىنىلىرىڭنى... تاپشۇرىمەن».

—ئىسرائىلدىكى «يۇقىرى جايلار» بۇتپەرەسلىككە ئائىت، يىرگىنچلىك جايلارغا ئايلاندۇرۇلغانىدى

**3:17** يەر. 13:15

**4:17** قان. 68:28؛ يەر. 14:15؛ 13:16

كەلسىمۇ ئۇ بۇنى كۆرمەيدۇ؛ ئۇ بەلكى چۆلدىكى قاغجىراق يەرلەردە،
ئادەمزاتسىز شورلۇق بىر زېمىندا تۇرىدۇ. [7] پەرۋەردىگارغا تايانغان،
پەرۋەردىگارنى تايانچ قىلغان ئادەم بەخت-بەرىكەتلىك بولىدۇ! [8] ئۇ
سۇلار بويىدا تىكىلەنگەن، ئېرىق بويىدا كەڭ يىلتىز تارتقان دەرەختەك؛
يېزغىرىم ئىسسىقتىن ئۇ قورقمايدۇ؛ ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ھەمىشە
يېشىلدۇر؛ قۇرغاقچىلىق يىلى ئۇ سولاشمايدۇ ۋە مېۋە بېرىشتىن
قالمايدۇ.
[9] قەلب ھەممىدىن ئالدامچى، ئۇنىڭ داۋاسى يوقتۇر. كىممۇ ئۇنى
چۈشىنەلىسۇن؟ [10] مەنكى پەرۋەردىگار ئىنسان قەلبىنى كۆزىتىپ
تەكشۈرىمەن؛ ھەربىرسىگە ئۆز يوللىرى بويىچە، قىلغان ئەمەللىرىنىڭ
مېۋىسى بويىچە تەقسىم قىلىش ئۈچۈن، ئىنسان ۋىجدانىنى
سىنايمەن. [11] خۇددى ئۆزى تۇغمىغان تۇخۇملارنى بېسىۋالغان
كەكلىكتەك، ھارامدىن بايلىقلارغا ئېرىشكەن كىشىمۇ شۇنداق
بولىدۇ؛ كۈنلىرىنىڭ يېرىمى ئۆتمەيلا ئېرىشكىنىدىن ئايرىلىدۇ، ئۇ
ئاخىرىدا ئەخمەق بولۇپ چىقىدۇ.

[12] شان-شەرەپلىك بىر تەخت، ئەزەلدىن يۇقىرىغا تىكلەنگەن،
دەل بىزنىڭ باشپاناھىمىز بولغان جايدۇر؛ [13] ئى پەرۋەردىگار، سەن
ئىسرائىلنىڭ ئۈمىدىسەن! سەندىن ۋاز كەچكەن ھەممەيلەن يەرگە
قاراپ قالىدۇ؛ سەندىن يىراقلاشقانلار تۇپراقتا ياتقانلار ئارىسىدا
تىزىملىنىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ھاياتلىق سۇلىرىنىڭ مەنبەسى بولغان

---

**7:17** زەب. 12:2؛ 8:34؛ پەند. 20:16؛ يەش. 18:30

**8:17** زەب. 3:1

**10:17** **«ئىنسان ۋىجدانىنى سىنايمەن»** ـــ «ۋىجدان» ئىبرانىي تىلدا «بۆرەك» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**10:17** 1سام. 7:16؛ زەب. 9:7

**11:17** **«خۇددى ئۆزى تۇغمىغان تۇخۇملارنى بېسىۋالغان كەكلىكتەك...»** ـــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خۇددى تۇخۇملارنى بېسىپ لېكىن تۆرەلدۈرمەيدىغان بىر كەكلىكتەك...».

پەرۋەردىگاردىن ۋاز كەچكەن. [14] مېنى ساقايتقىن، ئى پەرۋەردىگار،
مەن شۇنىڭ بىلەن جەزمەن ساقايتىلىمەن! مېنى قۇتقۇزغىن،
شۇنىڭ بىلەن جەزمەن قۇتقۇزۇلىمەن! ــ چۈنكى ئۆزۈڭ مېنىڭ
مەدھىيەمدۇرسەن! [15] مانا، ئۇلار ماڭا: ــ پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-
بېشارىتى قېنى؟! قېنى، ئۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن!» ــ دەيدۇ. [16] لېكىن
مەن بولسام، ساڭا ئەگەشكىنىمدە «پادا باققۇچى» بولۇشتىن ھېچ
قاچقان ئەمەسمەن، ۋە ئەجەل كۈنىنى ھېچ ئارزۇ قىلمىغانمەن، ــ سەن
بىلىسەن! ئاغزىمدىن بارلىق چىققانلار سېنىڭ يۈز ئالدىڭدا بولغان.
[17] ماڭا ۋەھىمە بولمىغايسەن؛ كۈلپەتلىك كۈنىدە سەن مېنىڭ باشپان
اھىمدۇرسەن. [18] ماڭا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار يەرگە قاراپ قالسۇن،
لېكىن مېنى يەرگە قاراتمىغايسەن! ئۇلار دەككە-دۈككىگە چۈشسۇن،
لېكىن مېنى دەككە-دۈككىگە چۈشۈرمىگەيسەن؛ ئۇلارنىڭ بېشىغا
كۈلپەت كۈنىنى چۈشۈرگەيسەن؛ ئۇلارنى ئىككى ھەسسىلىك ھالاكەت
بىلەن ئۇزۇل-كېسىل پاچاقلاپ تاشلىغايسەن!

---

**13:17** زەب. 27:73؛ يەش. 28:1؛ يەر. 13:2؛ يۇھ. 8:8

**14:17** **«مېنى قۇتقۇزغىن، شۇنىڭ بىلەن جەزمەن قۇتقۇزۇلىمەن!»** ــ بۇ ئايەتتىكى «قۇتقۇزۇش» ھەرگىز يەرەمىيانىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ ئامان-ئېسەن ساقلىنىشىنى تىلىشىلا ئەمەس. مۇھىم ئىش شۇكى، ئۇ بۇ ئايەتتىكى گەپ بىلەن 1-11-ئايەتلەردىكى بېشارەتكە، بولۇپمۇ: «قەلب ھەممىدىن ئالدامچى، ئۇنىڭ داۋاسى يوقتۇر» دېگەنگە بولغان ئىنكاسى. ئۇ بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ، ئىككىنچىدىن خەلقىنىڭ قەلبىنىڭ گۇناھىنىڭ تولۇق تۈگىتىلىشى (ساقايتىلىشى)نى تىلەيدۇ. «داۋاسى يوق» قەلبنى بولسا پەقەت ھەممىگە قادىر بىر خۇدا ساقايتالايدۇ. بۇ ئىش دەل «يېڭى ئەھدە»دىن ئىبارەت ــ 31:31-34نى كۆرۈڭ.

**15:17** يەش. 19:5؛ 2پېت. 4:3

**16:17** **«پادا باققۇچى»** ــ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرنىڭ خەلققە بولغان رولىنى كۆرسىتىدۇ. «لېكىن مەن بولسام، ساڭا ئەگەشكىنىمدە «پادا باققۇچى» بولۇشتىن ھېچ قاچقان ئەمەسمەن» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەن بولسام، بالايىئاپەتنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ساڭا ئېسىلمىدىم!»

**17:17** يەر. 19:16

**18:17** زەب. 35:4-5؛ 40:14-15؛ يەر. 15:15

## «شابات» كۈنى ـ يەنى شەمبە كۈنى، يەنى دەم ئېلىش كۈنى ـ رەھىم پۈرستى

19 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېگەن: ــ بارغىن، يەھۇدا پادىشاھلىرى
شەھەرگە كىرىدىغان ۋە چىقىدىغان «خەلقنىڭ بالىلىرى» دېگەن
دەرۋازىدا، ھەمدە يېرۇسالېمنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرىدا تۇرغىن،
ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: ــ 20 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئى
مۇشۇ دەرۋازىلاردىن كىرىدىغان يەھۇدانىڭ پادىشاھلىرى، بارلىق
يەھۇدا ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقان خالايىق! 21 پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ ئۆز جېنىڭلارغا ھېزى بولۇڭلار! «شابات» كۈنىدە ھېچقانداق
يۈكنى كۆتۈرمەڭلار، يېرۇسالېمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن ھېچنەرسىنى
ئېپكىرمەڭلار؛ 22 شابات كۈنلىرىدە ئۆيلىرىڭلاردىن ھېچ يۈكنى
كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقماڭلار، ۋە ھېچقانداق ئەمگەك قىلماڭلار؛
بەلكى مەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا بۇيرۇغىنىمدەك، شابات كۈنىنى
ئۆزۈمگە ئاتالغان مۇقەددەس بىر كۈن دەپ قاراڭلار. 23 لېكىن ئۇلار
ھېچ ئاڭلىمىغان ياكى قۇلاق سالمىغان، بەلكى ئاڭلىماسلىققا ھەم
تەربىيىنى قوبۇل قىلماسلىققا بوينىنى قاتتىق قىلغان. 24 شۇنداق
بولىدۇكى، سىلەر ئاۋازىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىساڭلار، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار، ــ يەنى شابات كۈنىدە شەھەر دەرۋازىلىرىدىن ھېچ يۈكنى

---

19:17 **«شابات كۈنى»** ــ بۇ بېشارەت (19-21-ئايەت)نىڭ تېمىسى «شابات كۈنى»، يەنى شەمبە كۈنى، يەنى دەم ئېلىش كۈنى. خۇدا مۇشۇ يەردە بۇ كۈن ئارقىلىق خەلققە مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسەتمەكچى.

**21:17** نەھ. 19:13

22:17 **«شابات كۈنلىرىدە ئۆيلىرىڭلاردىن ھېچ يۈكنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقماڭلار، ۋە ھېچقانداق ئەمگەك قىلماڭلار... شابات كۈنىنى ئۆزۈمگە ئاتالغان مۇقەددەس بىر كۈن دەپ قاراڭلار»** ــ ئۇقۇرمەنكەرگە ئايانكى، خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەھۇدىيلارغا، «شابات كۈنى» (شەمبە كۈنى)نى ئۆزىنى سېغىنىشقا، ھېچقانداق مېھنەت قىلماي ھەر ئادەم ۋە مال-ۋارانىڭ دەم ئالىدىغان كۈنى بولسۇن دەپ بۇيرۇغان.

**22:17** مىس. 8:20؛ 12:23؛ 13:31؛ ئەز. 12:20

**23:17** يەر. 10:11؛ 10:13؛ 12:16

**ئېلىپ كىرمىسەڭلار ۋە ھېچ ئەمگەك قىلماسلىق ئارقىلىق شابات كۈنىنى ماڭا پاك-مۇقەددەس بىر كۈن ھېسابلىساڭلار، [25]بۇ شەھەر دەرۋازىلىرىدىن داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرىدىغان پادىشاھلىرى ۋە ئەمىرلىرى جەڭ ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ ۋە ئاتلارغا مىنىپ كىرىدۇ؛ ئۇلار، ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرى، يەھۇدادىكىلەر ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارمۇ كىرىپ-چىقىشىدۇ؛ بۇ شەھەر مەڭگۈ ئاۋات بولىدۇ . [26]شۇنداق قىلساڭلار، خەلقلەر يەھۇدا شەھەرلىرىدىن، يېرۇسالېم ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن، بىنيامىنىنىڭ زېمىنىدىن، غەربتىكى «شەفەلاھ» ئېگىزلىكىدىن، جەنۇبتىكى تاغلىقتىن، يەھۇدادىكى جەنۇبىي باياۋانلاردىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار، ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى، ئاشلىق ھەدىيەلىرى ۋە خۇشبۇيلارنى تۇتۇپ، پەرۋەردىگارغا بولغان رەھمەتلىرىنى ئېيتىشقا كىرىدىغان بولىدۇ. [27]لېكىن سىلەر ماڭا قۇلاق سالمىساڭلار، يەنى شابات كۈنىنى ئۆزۈمگە پاك-مۇقەددەس ھېسابلىماي، شابات كۈنىدە يېرۇسالېمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن يۈك كۆتۈرۈپ كىرسەڭلار، ئەمدى مەن دەرۋازىلارغا بىر ئوت ياقىمەن، ئۇ يېرۇسالېمدىكى ئوردىلارنى يەۋېتىدۇ، ئۇنى ھېچ ئۆچۈرەلمەيدۇ.**

---

**25:17** يەر. 4:22؛ ۋەھ. 21:3

27:17 **«لېكىن سىلەر ماڭا قۇلاق سالمىساڭلار، يەنى شابات كۈنىنى ئۆزۈمگە پاك-مۇقەددەس ھېسابلىماي، ... ئەمدى مەن دەرۋازىلارغا بىر ئوت ياقىمەن، ئۇ يېرۇسالېمدىكى ئوردىلارنى يەۋېتىدۇ...»** — بۇ 19-27-ئايەتلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھمىيىتى بار. پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا مېھىر-شەپقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز تەۋرات-قانۇنىنىڭ تەلەپلىرىنى پەقەت بىرلا پەرمانغا، يەنى «شابات كۈنىنى ھۆرمەتلەڭلار» دېگەنگە يىغىنچاقلايدۇ؛ ئۇلار پەقەت مۇشۇ ئاددىي تەلەپكىلا ئەمەل قىلسا، ئۇ ئۇلارنىڭ پەس ئەھۋالىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتەلەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار بەربىر يەنىلا بۇ كىچىك پەرمانغا ئەمەل قىلالمىغان. ئادەملەرنىڭ ئىنسانىي گۇناھ تەبىئىتى ھەردائىم شۇنداقتۇر!

## ساپالچىدىن ئالغان ساۋاق

18 [1] بۇ سۆز پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا كېلىپ، مۇنداق دېيىلدى: ــ
[2] «ئورنۇڭدىن تۇر، ساپالچىنىڭ ئۆيىگە چۈشكىن، مەن ساڭا
سۆزلىرىمنى ئاڭلىتىمەن».
[3] شۇڭا مەن ساپالچىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم؛ ۋە مانا، ساپالچى غالتەك
ئۈستىدە بىر نەرسىنى ياساۋاتقانىدى. [4] ئۇ سېغىز لايدىن ياساۋاتقان
قاچا تۇرۇپ-تۇرۇپ قولى ئاستىدا بۇزۇلاتتى. شۇ چاغدا ساپالچى شۇ
لايدىن ئۆزى لايىق كۆرگەن باشقا بىر قاچىنى ياسايتتى.
[5] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ [6] «ئى
ئىسرائىل جەمەتى، بۇ ساپالچى قىلغاندەك مەن ساڭا قىلالمامدىم؟
ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار. ــ مانا، سېغىز لاينىڭ ساپالچىنىڭ قولىدا
بولغىنىغا ئوخشاش، سىلەر مېنىڭ قولۇمدىسىلەر، ئى ئىسرائىل
جەمەتى. [7] بەزىدە مەن مەلۇم بىر ئەل، مەلۇم بىر مەملىكەت
توغرۇلۇق، يەنى ئۇنىڭ يۇلۇنۇشى، بۇزۇلۇشى ۋە ھالاك قىلىنىشى
توغرۇلۇق سۆزلەيمەن؛ [8] شۇ چاغ مەن ئاگاھلاندۇرغان شۇ ئەل
يامانلىقىدىن توۋا قىلىپ يانسا، مەن ئۇلارغا قىلماقچى بولغان
يامانلىقتىن يانىمەن. [9] مەن يەنە بەزىدە مەلۇم بىر ئەل، مەلۇم
بىر مەملىكەت توغرۇلۇق، يەنى ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تىكىپ
ئۆستۈرۈلۈشى توغرۇلۇق سۆزلەيمەن؛ [10] شۇ چاغ شۇ ئەل كۆز ئالدىمدا
يامانلىق قىلىپ ئاۋازىمنى ئاڭلىمىسا، مەن يەنە ئۇلارغا ۋەدە
قىلغان، ئۇلارنى بەرىكەتلىمەكچى بولغان ياخشىلىقتىن يانىمەن.
[11] ئەمدى ھازىر يەھۇدادىكىلەرگە ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارغا
مۇنداق دېگىن: ــ «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن سىلەرگە
يامانلىق تەييارلاۋاتىمەن، سىلەرگە قارشى بىر پىلان تۈزۈۋاتىمەن؛
شۇڭا ھەربىرىڭلار رەزىل يولۇڭلاردىن يېنىڭلار، يوللىرىڭلارنى ۋە

---

**6:18** يەش. 9:45؛ 8:64؛ رىم. 20:9

**7:18** يەر. 10:1

قىلمىشلىرىڭلارنى تۈزىتىڭلار.
[12] ــ لېكىن ئۇلار: «ياق! خام خىيال قىلما! بىز ئۆز پىلانلىرىمىزغا
ئەگىشىۋېرىمىز، ئۆز رەزىل كۆڭلىمىزدىكى جاھىللىقىمىز بويىچە
قىلىۋېرىمىز» ــ دەيدۇ.
[13] شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئەللەر ئارىسىدىن: «كىم
مۇشۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باققان؟!» دەپ سوراڭلار. «پاك قىز» ئىسرائىل
دەھشەتلىك يىرگىنچلىك ئىشنى قىلغان! [14] لىۋان قارلىرى ئايدالادىكى
قىيالىقتىن يوقاپ كېتەمدۇ؟ ئۇنىڭ يىراقتىن چۈشكەن مۇزدەك سۇلىرى
قۇرۇپ كېتەمدۇ؟ [15] لېكىن مېنىڭ خەلقىم بولسا مېنى ئۇنتۇغان؛ ئۇلار
يوق بىر نەرسىلەرگە خۇشبۇي ياقىدۇ؛ مانا، بۇلار ئۇلارنى ياشاۋاتقان
يولىدىن، يەنى قەدىمدىن بولغان يوللاردىن پۇتلاشتۇرۇپ، كۆتۈرۈلۈپ تۈز
قىلىنمىغان بىر يولدا ماڭدۇرغان. [16] شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ زېمىنىنى
دەھشەت باسىدىغان ھەم دائىم كىشىلەر ئۇش-ئۇش قىلىدىغان ئوبيېكت
قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى دەھشەت بېسىپ،
بېشىنى چايقىشىدۇ. [17] مەن خۇددى شەرقتىن چىققان شامالدەك
ئۇلارنى دۈشمەن ئالدىدا تارقىتىۋېتىمەن؛ مەن بالايىئاپەت كۈنىدە ئۇلارغا
يۈزۈمنى ئەمەس، بەلكى ئارقامنى قىلىمەن».

---

**11:18** 2پاد. 13:17؛ يەر. 3:7؛ 5:25؛ 13:26؛ 15:35

**12:18** **«ياق! خام خىيال قىلما!»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ياق! ئۈمىد يوق!».

**12:18** يەر. 25:2

**13:18** يەر. 10:2

**15:18** يەر. 32:2؛ 21:3؛ 16:6؛ 25:13

**16:18** **«...ئۇلارنىڭ زېمىنىنى دەھشەت باسىدىغان ھەم دائىم كىشىلەر ئۇش-ئۇش قىلىدىغان ئوبيېكت قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى دەھشەت بېسىپ، بېشىنى چايقىشىدۇ»** ــ بۇ ھەرىكەتلەر (ئۇش-ئۇش قىلىش، باشنى قايقىشىش) بەلكىم ھەيران بولغانلىقى، ياكى مازاق قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**16:18** يەر. 11:12؛ 8:19؛ 13:49؛ 13:50

**17:18** **«شەرقتىن چىققان شامال»** ــ قانائاندا (پەلەستىندە)، ئادەتتە ھەممىنى قۇرۇتىدىغان، چاڭ-توپا تارقىتىدىغان دەھشەتلىك شامال بولىدۇ.

**17:18** يەش. 8:27؛ 6:29؛ يەر. 4:13،12،11؛ 24:13

## يەرەمىيا ئۆزگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنىڭ يامانلىقىنى ئۆز بېشىغا چۈشۈرۈشنى تىلەيدۇ

[18] كىشىلەر: «كېلىڭلار، يەرەمىياغا قەست قىلايلى؛ چۈنكى يا كاھىنلاردىن قانۇن-تەربىيە، يا دانىشمەنلەردىن ئەقىل-نەسىھەت يا پەيغەمبەرلەردىن سۆز-بېشارەت كەملىك قىلمايدۇ. كېلىڭلار، تىلىمىزنى بىر قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلايلى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچقايسىسىغا قۇلاق سالمايلى» ــ دېيىشتى.

[19] ــ ئى پەرۋەردىگار، ماڭا قۇلاق سالغايسەن؛ ماڭا قارشىلىشىدىغانلارنىڭ دەۋاتقانلىرىنى ئاڭلىغايسەن. [20] ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش بولامدۇ؟ چۈنكى ئۇلار جېنىمنى ئۇچۇن ئورا كولىغان؛ مەن ئۇلارغا ياخشى بولسۇن دەپ، غەزىپىڭنى ئۇلاردىن ياندۇرۇش ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭدا دۇئا قىلىپ تۇرغانلىقىمنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن. [21] شۇڭا بالىلىرىنى قەھەتچىلىككە تاپشۇرغايسەن، قىلىچنىڭ بىسىغا ئېلىپ بەرگەيسەن؛ ئاياللىرى باللىرىدىن جۇدا قىلىنىپ تۇل قالسۇن؛ ئەرلىرى ۋابا-ئۆلۈم بىلەن يوقالسۇن، يىگىتلەر جەڭدە قىلىچلانسۇن. [22] ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باسمىچىلارنى ئېلىپ كەلگىنىڭدە ئۆيلىرىدىن نالە-پەرياد ئاڭلانسۇن؛ چۈنكى ئۇلار مېنى تۇتۇشقا ئورا كولىغان، پۇتلىرىم ئۈچۈن قىسماقلارنى يوشۇرۇن سالغان. [23] ئەمدى سەن، ئى پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ مېنى قەتل قىلىشقا بولغان قەستلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان بىلىسەن؛ ئۇلارنىڭ

---

18:18 **«كېلىڭلار، يەرەمىياغا قەست قىلايلى؛ چۈنكى يا كاھىنلاردىن قانۇن-تەربىيە، يا دانىشمەنلەردىن ئەقىل-نەسىھەت يا پەيغەمبەرلەردىن سۆز-بېشارەت كەملىك قىلمايدۇ»** ــ ئۇلار يەرەمىيانى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە باھانە-سەۋەب تاپماقچى ئىدى. كۆرۈنەرلىككى، شۇ چاغدىكى تەۋرات-قانۇن ئۆگەتتىدىغان كاھىنلار، «دانىشمەنلەر» ۋە ئاتالمىش «پەيغەمبەرلەر» يەرەمىيانىڭ سۆزى توغرۇلۇق سۆكۈت قىلاتتى ياكى ئۇلارغا زىت سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلار: «بىز بەربىر دىنىي ئادەملەرمىز، دىنىي ئەربابلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتىمىز» دەپ خۇدانىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ يەرەمىيانى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەيتتى.

**18:18** يەر. 7:9؛ مال. 7:2

**21:18** زەب. 10:109

قەبىھلىكلىرىنى كەچۈرمىگەيسەن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆزۈڭ
ئالدىدىن يۇمىغايسەن؛ بەلكى ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭدا يىقىتىلسۇن؛
غەزىپىڭ چۈشكەن كۈنىدە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلغايسەن.

## چېقىلغان كوزىدىن ئالغان ساۋاق

19 [1] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — بارغىن، ساپالچىدىن بىر
ساپال كوزىنى ئالغىن؛ ئاندىن ئەلنىڭ ئاقساقاللىرىدىن
ۋە كاھىنلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچىنى ئاپىرىپ، [2] «ساپال
پارچىلىرى» دەرۋازىسىغا يېقىن بولغان «ھىننومنىڭ ئوغلىنىڭ
جىلغىسى»غا بېرىپ شۇ يەردە مەن ساڭا ئېيتىدىغان سۆزلەرنى جا
كارلىغىن. [3] مۇنداق دېگىن: — پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئى
يەھۇدانىڭ پادىشاھلىرى ۋە يېرۇسالېمدىكىلەر! ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ:
— مانا، مەن مۇشۇ يەرگە بالايىئاپەتنى چۈشۈرىمەنكى، كىمكى ئۇنى
ئاڭلىسىلا قۇلاقلىرى زىڭىلداپ كېتىدۇ. [4] چۈنكى بۇ خەلق مەندىن
ۋاز كېچىپ، بۇ يەرنى ماڭا «يات» قىلغان، ئۇنىڭدا نە ئۆزلىرى، نە ئاتا-
بوۋىلىرى، نە يەھۇدا پادىشاھلىرى ھېچ تونۇمىغان باشقا ئىلاھلارغا
خۇشبۇي ياققان؛ ئۇلار بۇ يەرنى گۇناھسىزلارنىڭ قانلىرى بىلەن تولد
ۇرغان. [5] ئۇلار بائالغا ئۆز بالىلىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار سۈپىتىدە
كۆيدۈرۈش ئۈچۈن بائالنىڭ «يۇقىرى جايلار»ىنى قۇرغان؛ مەن بۇنداق
بىر ئىشنى ھېچقاچان بۇيرۇپ باقمىغان، ھېچ ئېيتمىغان، ئۇ ھەرگىز

**2:19 «ھىننومنىڭ ئوغلىنىڭ جىلغىسى»** — بەزىدە «ھىننومنىڭ جىلغىسى» (ئىبرانىي تىلدا «گە-ھىننوم») دەپ ئاتىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بەلكىم ساپالچىلار شۇ يەردە ساپال پارچىلىرىنى تاشلىشىپتەتتى. كېيىن، خەلق شۇ يەرگە ھەرخىل ئەخلەتلەرنى تۆككەچكە، ئۇ يەر «دوزاخ»نىڭ بىر سىمۋولى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن «گە-ھىننوم» دېگەن سۆز «دوزاخ»نى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ قالغان. ئەرەب تىلى ئارقىلىق بۇ سۆز «جەھەننەم» شەكلىدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن.

**3:19** 1سام. 3:11؛ 2پاد. 12:21

**4:19** يەش. 11:65؛ يەر. 2:19،17،13؛ 5:19،7؛ 7:6؛ 15:6؛ 13:17

ئۇيۇمغا كىرىپ باقمىغان. [6]شۇڭا مانا، شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ
دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ بۇ يەر كەلگۈسىدە «توفەت»، ياكى «ھىننومنىڭ
ئوغلىنىڭ جىلغىسى» دەپ ئاتالمايدۇ، بەلكى «قەتل جىلغىسى»
دەپ ئاتىلىدۇ. [7]مەن بۇ يەردە يەھۇدا ھەم يېرۇسالېمنىڭ پىلان-
تەدبىرلىرىنى قۇرۇق قىلىۋېتىمەن؛ مەن ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ
قىلىچى بىلەن، يەنى جانلىرىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قولىدا
يىقىتىمەن؛ مەن جەسەتلىرىنى ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا ۋە
يەر-زېمىندىكى ھايۋاناتلارغا ئوزۇق بولۇشقا بېرىۋېتىمەن. [8]مەن بۇ
شەھەرنى دەھشەت باسىدىغان ھەم كىشىلەر ئۇش-ئۇش قىلىدىغان
ئوبيېكت قىلىمەن؛ ئۇنىڭدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
بارلىق يارا-ۋابالىرى تۈپەيلىدىن دەھشەت بېسىپ ئۇشقىرتىدۇ. [9]مەن
ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ ھەم جانلىرىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قاتتىق
قىستايدىغان قورشاۋىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئوغۇللىرىنىڭ گۆشىنى
ھەم قىزلىرىنىڭ گۆشىنى يەيدىغان قىلىمەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز
يېقىنىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ.
[10]ئەمدى سەن ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئاپارغان ھەمراھلىرىڭنىڭ كۆز
ئالدىدا ھېلىقى كوزىنى چېقىۋەتكىن؛ [11]شۇنداق قىلىپ ئۇلارغا
مۇنداق دېگىن: ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ بىرسى ساپالچىنىڭ كوزىسىنى قايتىدىن ھېچ
ياسىيالمىغۇدەك دەرىجىدە چېقىۋەتكىنىدەك مەنمۇ بۇ خەلق ۋە
بۇ شەھەرنى شۇنداق چېقىۋېتىمەن. ئۇلار جەسەتلىرىنى توفەتتە
كۆمىدۇ، ھەتتا كۆمگۈدەك يەر قالمىغۇچە. [12]مەن بۇ يەرنى ۋە بۇنىڭدا
تۇرۇۋاتقانلارنىمۇ مۇشۇنداق قىلىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ بۇ

**6:19** يەر. 32:7

**7:19** يەر. 3:15؛ 4:16

**9:19** لاۋ. 29:26؛ قان. 53:28؛ يىغ. 10:4

**11:19** يەر. 32:7

شەھەرنى توفەتكە ئوخشاش قىلىمەن. [13] يېرۇسالېمدىكى ئۆيلەر ۋە
يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ ئۆيلىرى، ــ يەنى ئۇلارنىڭ ئۆگزىلىرىدە
تۇرۇپ ئاسماندىكى بارلىق يۇلتۇز-سەييارىلەرگە خۇشبۇي ياققان ۋە
مەندىن باشقا يات ئىلاھلارغا شاراب ھەدىيەلىرىنى تۆككەن بارلىق
ئۆيلىرى خۇددى توفەت دېگەن جايدەك بۇلغانغان جايلار بولىدۇ.

[14] ۋە يەرەمىيا پەرۋەردىگار ئۇنى بېشارەت بېرىشكە ئەۋەتكەن توفەتتىن
قايتىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ تۇرۇپ
بارلىق خەلققە مۇنداق دېدى: [15] ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن بۇ
شەھەر ۋە ئۇنىڭ بارلىق شەھەرلىرىگە قاراپ ئېيتقان بالايىئاپەتنىڭ
ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرىمەن؛ چۈنكى ئۇلار بوينىنى
قاتتىق قىلىپ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ھېچقاچان ئاڭلىمىغان.

## يەرەمىيانىڭ دەررىگە بېسىلىپ، قاماپ قويۇلۇشى

20 [1] ئەمدى ئىممەرنىڭ ئوغلى، كاھىن پاشخۇر ــ ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە «ئامانلىق ساقلاش بېگى»مۇ ئىدى،
يەرەمىيانىڭ بۇ بېشارەتلەرنى بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدى. [2] پاشخۇر
يەرەمىيا پەيغەمبەرنى ئۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ پۇتىنى پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىدىكى «بىنيامىننىڭ يۇقىرى دەرۋازىسى»نىڭ يېنىدىكى تاقاقتا

12:19 **«توفەت»** ــ بۇ يەر توغرۇلۇق 31:7نى ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. «توفەت» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «ئوچاق» ھەم «ئۇيات» دېگەننىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە «تۈكۈرۈك» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ يەر «ھىننومنىڭ ئوغلى (ئىبن-ھىننوم)نىڭ جىلغىسى»غا جايلاشقان، يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ئىدى. خەلق ئاشۇ يەردە ئەخلەتلەرنى ۋە ناپاك نەرسىلەرنى تاشلاپ كۆيدۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنتايىن «ھارام»، ئەڭ بۇلغانغان جاي دەپ ھېسابلاندى.

**13:19** يەر. 18:7

**15:19** يەر. 26:7؛ 23:17

سالدى. [3] ئىككىنچى كۈنى، پاشخۇر يەرەمىيانى تاقاقتىن بوشاتتى؛
يەرەمىيا ئۇنىڭغا: ــ پەرۋەردىگار ئىسمىڭنى پاشخۇر ئەمەس، بەلكى
«ماگور-مىسسابىب» دەپ ئاتىدى، دېدى. [4] ــ چۈنكى پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن سېنى ئۆزۈڭگە ۋە بارلىق ئاغىنىلىرىڭگە
ۋەھىمە سالغۇچى ئوبيېكت قىلىمەن؛ ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ قىلىچى
بىلەن يىقىلىدۇ؛ سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن بۇنى كۆرىسەن؛ مەن بارلىق
يەھۇدانى بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛ ئۇ ئۇلارنى بابىلغا
سۈرگۈن قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى قىلىچ بىلەن ئۇرىدۇ.
[5] مەن بۇ شەھەرنىڭ ھەممە بايلىقلىرى ــ بارلىق مەھسۇلاتلىرى،
بارلىق قىممەت نەرسىلىرى ۋە يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ بارلىق
خەزىنىلىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛ ئۇلار ئۇلارنى
ئولجا قىلىپ بۇلىۋېلىپ بابىلغا ئېلىپ كېتىدۇ. [6] سەن بولساڭ، ئى
پاشخۇر، ھەممە ئۆيدىكىلىرىڭ بىرگە سۈرگۈن بولۇپ كېتىسىلەر؛
سەن بابىلغا كېلىسەن؛ سەن شۇ يەردە دۇنيادىن كېتىسەن، شۇ يەرگە
كۆمۈلىسەن؛ سەن ھەم سېنىڭ يالغان بېشارەتلىرىڭگە قۇلاق سالغان
ئاغىنىلىرىڭمۇ شۇنداق بولىدۇ.

## يەرەمىيا يەنە داد كۆتۈرىدۇ

[7] ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنى قايىل قىلىپ پەيغەمبەرلىككە
كۆندۈردۈڭ، مەن شۇنداقلا كۆندۈرۈلدۇم؛ سەن مەندىن زور كەلدىڭ،
شۇنداقلا غەلىبە قىلدىڭ؛ مەن پۈتۈن كۈن تاپا-تەنىنىڭ ئوبيېكتى

2:20 **«پاشخۇر يەرەمىيا پەيغەمبەرنى ... تاقاقتا سالدى»** ــ «تاقاق» ئىبرانىي تىلىدا «بۇرىغۇچ» دېگەن بولۇپ، پەقەت ئادەمنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇپلا قالماي، يەنە بەلكىم بەدىنىنى بۇراپ ئادەمنى قىينايدىغان بىرخىل ئەسۋاب ئىدى.

3:20 **«پەرۋەردىگار ئىسمىڭنى پاشخۇر ئەمەس، بەلكى «ماگور-مىسسابىب» دەپ ئاتىدى»** ــ «پاشخۇر»نىڭ مەنىسى بەلكىم «ئەركىنلىك». «ماگىر-مىسسابىب» ــ «تەرەپ-تەرەپلەرنى ۋەھىمە باسىدۇ» دېگەن مەنىدە.

**5:20** يەر. 13:15؛ 3:17

**بولىمەن؛ ھەممە كىشى مېنى مازاق قىلىدۇ. [8]مەن قاچانلا سۆز قىلسام، «زوراۋانلىق ھەم بۇلاڭچىلىق كېلىدۇ» دەپ جاكارلىشىم كېرەك؛ شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى مېنى پۈتۈن كۈن ئاھانەت ۋە مەسخىرىنىڭ ئوبيېكتى قىلىدۇ. [9]لېكىن مەن: «مەن ئۇنى تىلغا ئالمايمەن، ۋە ياكى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئىككىنچى سۆز قىلمايمەن» دېسەم، ئۇنىڭ سۆزى قەلبىمدە لاۋۇلداپ ئوت بولۇپ، سۆڭەكلىرىمگە قاپسالغان بىر يالقۇن بولىدۇ؛ ئىچىمگە سىغدۇرۇشقا ھالىم قالماي، ئېيتماي چىداپ تۇرالمايمەن. [10]شۇنداق، قىلىۋېرىمەن، گەرچە مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پىچىرلاشقان قەستلىرىنى ئاڭلىساممۇ؛ تەرەپ-تەرەپلەرنى ۋەھىمە باسىدۇ! «ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىڭلار! ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلايلى!» دەپ، بارلىق ئۈلپەت-ھەمراھلىرىم پۈتلىشىپ كېتىشىمنى پايلاپ يۈرمەكتە؛ ئۇلار «ئۇ بەلكىم ئالدىنار، شۇنداق بولغاندا بىز ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالالايمىز» دېيىشىۋاتىدۇ. [11]لېكىن پەرۋەردىگار بولسا قۇدرەتلىك ۋە دەھشەتلىك بىر پالۋاندەك مەن بىلەن بىللىدۇر؛ شۇڭا ماڭا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار پۈتلىشىپ غەلىبە قىلالمايدۇ؛ ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغاچقا، قاتتىق خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ قالىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بۇ رەسۋاچىلىقى مەڭگۈلۈك بولۇپ، ھەرگىز ئۇنتۇل**

---

**7:20 «سەن مېنى ... كۆندۈردۈڭ...»** — «كۆندۈردۈڭ» دېگەن بۇ سۆزنى شەرھلەش سەل تەس. ئادەتتە ئۇ «ئېزىتقۇلۇق قىلىش»، «ئالداش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. تەۋرات، «ھوش.» 14:2-ئايەتتە بولسا ئۇ «كۆڭۈل ئېلىش»نى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەر (8-13)گە قارىغاندا خۇدا يەرەمىيانى ھېچ ئالدىمىدى — ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىكىنى ئالدىنئالا ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن (مەسىلەن، 1-بابتا). شۇڭا بىزنىڭچە «كۆندۈرۈش» توغرا كېلىدۇ؛ شۇنداق دېگىنىمىز بىلەن، يەرەمىيا مۇشۇ يەردە بەلكىم، «ماڭا دۇچ كەلگەن جاپا-مۇشەققەتلەر ئەسلى ئويلىغىنىمدىن كۆپ»، «سەن مېنى ئالداپ قويدۇڭ» دېگەننى پۈرىتىپ دادىلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**8:20** يەش. 4:57

**10:20 «تەرەپ-تەرەپلەرنى ۋەھىمە باسىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا «ماگور-مىسسابىب». 3-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

مايدۇ. [12] ئەمدى سەن، ئى ھەققانىيلارنى سىنايدىغان، ئىنساننىڭ
ۋىجدانى ۋە قەلبىنى كۆرىدىغان ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بولغان قىساسىڭنى ماڭا
كۆرگۈزگەيسەن؛ چۈنكى مەن دەۋايىمنى ئالدىڭغا قويغانمەن.
[13] پەرۋەردىگارنى كۈي ئېيتىپ ماختاڭلار، ئۇنى مەدھىيىلەڭلەر؛ چۈنكى
ئۇ نامرات كىشىنى رەزىللىك قىلغۇچىلاردىن قۇتقۇزغان.

## قاماقتىن چىقىپ يەنە چۈشكۈنلۈككە چۈشۈش

[14] مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمگە لەنەت بولسۇن؛ ئاپام مېنى تۇغقان
كۈنى مۇبارەك بولمىسۇن! [15] ئاتامغا خەۋەر ئېلىپ: «ساڭا ئوغۇل بالا
تۇغۇلدى!» دەپ ئۇنى ئالامەت شادلاندۇرغان ئادەمگە لەنەت بولسۇن!
[16] بۇ ئادەم پەرۋەردىگار رەھىم قىلماي غۇلاتقان شەھەرلەردەك بولسۇن؛
ئۇ ئەتىگەندە نالە، چۈشتە ئالاقزادىلىك چۇقانلىرىنى ئاڭلىسۇن —
[17] چۈنكى ئۇ مېنى بالىياتقۇدىن چۈشكىنىمدىلا ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن؛ ئاپام

---

**11:20** يەر. 1:19،8؛ 20:15؛ 18:17؛ 40:23

12:20 **«ھەققانىيلارنى سىنايدىغان، ئىنساننىڭ ۋىجدانى ۋە قەلبىنى كۆرىدىغان...»** — «ۋىجدان» ئىبرانىي تىلىدا «بۆرەك» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**12:20** يەر. 20:11؛ 3:12؛ 15:15؛ 18:19-23

13:20 **«ئۇ نامرات كىشىنى رەزىللىك قىلغۇچىلاردىن قۇتقۇزغان»** — «نامرات كىشى» بەلكىم يەرەمىيانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

**14:20** يەر. 10:15

**15:20** ئايۇپ 3:3

16:20 **«ئاتامغا خەۋەر ئېلىپ: «ساڭا ئوغۇل بالا تۇغۇلدى!» دەپ ئۇنى ئالامەت شادلاندۇرغان ئادەمگە لەنەت بولسۇن! 51-ئايەت بۇ ئادەم پەرۋەردىگار رەھىم قىلماي غۇلاتقان شەھەرلەردەك بولسۇن...»** — پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭ قايغۇ-ھەسرەتتىن چىققان بۇ ئاچچىق سۆزلىرىنى شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن بىز ئۈچۈن خاتىرىلىگىنى بىلەن، بىز: «خۇدا بۇلارنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغان»، دەپ قارىمايمىز. پەيغەمبەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى خاتىرىلەشتىكى مەقسىتى بىزنىڭ پەيغەمبەرنىڭ شۇنچە قىينىلىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىشىمىز ئۈچۈندۇر.

**16:20** يار. 19

مېنىڭ گۆرۈم بولسىئىدى، ئۇنىڭ قورسىقى مەن بىلەن تەڭ ھەمىشە
چوڭ بولسىئىدى! 18 نېمىشقا مەن جاپا-مۇشەققەت، ئازاب-ئوقۇبەتنى
كۆرۈشكە، كۈنلىرىمنى خىجالەت-ئاھانەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە
بالىياتقۇدىن چىققاندىمەن؟

## پەرۋەردىگار يېرۇسالېمنى دۈشمەنلەرگە تاپشۇرىدۇ

21 1 پادىشاھ زەدەكىيا مالكىيانىڭ ئوغلى پاشخۇرنى ھەم
مائاسېياھنىڭ ئوغلى، كاھىن زەفانىيانى ئەۋەتكەندە،
يەرەمىياغا پەرۋەردىگاردىن تۆۋەندىكى مۇنۇ بىر سۆز كەلدى: ــ 2 (ئۇلار:
«بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن ياردەم سورىغىن؛ چۈنكى بابىل پادىشاھى
نېبوقادنەسار بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ؛ پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى
كارامەت قىلغان ئىشلىرى بويىچە، بىزگىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە
قىلىپ، ئۇنى يېنىمىزدىن ياندۇرارمىكىن؟» ــ دەپ سورىدى. 3 يەرەمىيا
ئۇلارغا: ــ زەدەكىياغا مۇنداق دەڭلار، ــ دېدى)
4 ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن
قوللىرىڭلار تۇتقان، سىلەرنى قورشىۋالغان بابىل پادىشاھى ھەم
كالدىيلەرگە سېپىل سىرتىدا جەڭ قىلىشقا ئىشلىتىدىغان، جەڭ
قوراللىرىڭلارنى قايرىۋېتىمەن ۋە بۇلارنى بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا
يىغىۋالىمەن؛ 5 مەن ئۆزۈممۇ سوزۇلغان قولۇم ۋە كۈچلۈك بىلىكىم
بىلەن، غەزىپىم بىلەن، قەھرىم بىلەن ۋە ھەسسىلەنگەن ئاچچىقىم

---

**18:20** ئايۇپ 20:3

**1:21 «مالكىيانىڭ ئوغلى پاشخۇر»** ــ دېمىسەكمۇ، بۇ 20-بابتىكى «پاشخۇر» ئەمەس؛ لېكىن بۇ پاشخۇرمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەرەمىياغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئادەم بولىدۇ (25:29-27نى كۆرۈڭ). «زەفانىيا» بولسا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆزقارىشى يوق بولغان يەنە بىر «يۇملاق تاۋۇز»غا ئوخشايدۇ. (29:29دىكى ۋەقەنى كۆرۈڭ). ئۇ بەلكىم ئاخىردا بابىلنىڭ «قاراۋۇل بېگى» تەرىپىدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان «زەفانىيا»غا ئوخشاش ئادەم ئىدى (24:52-27نى كۆرۈڭ).

**4:21 «كالدىيلەر»** ــ دېمىسەكمۇ، «كالدىيلەر» بابىللىقلارنى، بولۇپمۇ بابىل لەشكەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بىلەن سىلەرگە جەڭ قىلىمەن! [6] مەن بۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقانلارنى،
ئىنسان بولسۇن، ھايۋان بولسۇن ئۇرىمەن؛ ئۇلار دەھشەتلىك بىر ۋابا
بىلەن ئۆلىدۇ. [7] ئاندىن كېيىن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ يەھۇدا پادىشاھى
زەدەكىيانى، خىزمەتكارلىرىنى، خەلقنى، يەنى بۇ شەھەردە ۋابادىن،
قىلىچتىن ۋە قەھەتچىلىكتىن قېلىپ قالغانلار بولسا، مەن ئۇلارنى
بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ قولىغا، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ
قولىغا ۋە جېنىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛ نېبوقادنەسار
ئۇلارنى قىلىچ تىغى بىلەن ئۇرىدۇ؛ ئۇ نە ئۇلارنى ئايىمايدۇ، نە ئۇلارغا
ئىچىنى ھېچ ئاغرىتمايدۇ، نە رەھىم قىلمايدۇ.
[8] لېكىن سەن بۇ خەلققە مۇنداق دېيىشىڭ كېرەك: «پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئالدىڭلاردا ھايات يولى ۋە مامات يولىنى سالىمەن؛
[9] كىم بۇ شەھەردە قالماقچى بولسا، قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا
بىلەن ئۆلىدۇ؛ لېكىن كىم شەھەردىن چىقىپ، سىلەرنى قورشىۋالغان
كالدىيلەرگە تەسلىم بولسا، ئۇ ھايات قالىدۇ؛ ئۇنىڭ جېنى ئۆزىگە
ئالغان ئولجىدەك بولىدۇ. [10] چۈنكى مەن بۇ شەھەرگە ياخشىلىق ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى يامانلىق قىلىش ئۈچۈن يۈزۈمنى قاراتقۇزدۇم، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار؛ ئۇ بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇ ئۇنى ئوت
سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

## ئوردىدىكىلەر توغرۇلۇق

[11] ۋە يەھۇدا پادىشاھىنىڭ جەمەتى توغرۇلۇق پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاڭلار: ــ [12] ئى داۋۇتنىڭ جەمەتى، پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ھەر ئەتىگەندە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىڭلار، بۇلانغان كىشىنى
ئەزگۈچىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇڭلار؛ بولمىسا، قىلغانلىرىڭلارنىڭ
رەزىللىكى تۈپەيلىدىن، قەھرىم پارتلاپ، ئوتتەك ھەممىنى

**8:21 «لېكىن سەن بۇ خەلققە مۇنداق دېيىشىڭ كېرەك»** ــ «بۇ خەلق» يېرۇسالېمدا قاملىپ قالغان خەلقنى كۆرسىتىدۇ.

**9:21** يەر. 2:38

**كۆيدۈردۇ؛ ئۇنى ئۆچۈرەلەيدىغان ھېچكىم بولمايدۇ؛ [13] مانا، مەن**
**ساڭا قارشىدۇرمەن، ئى جىلغا ئۇستىدە، تۈزلەڭلىكتىكى قىيادا**
**ئولتۇرغۇچى، يەنى «كىم ئۇستىمىزگە چۈشۈپ ھۇجۇم قىلالىسۇن،**
**كىم ئۆيلىرىمىزگە بېسىپ كىرەلىسۇن؟!» دېگۈچى، ــ دەيدۇ پە**
**رۋەردىگار. [14] مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنىڭ مېۋىسى بويىچە**
**سىلەرگە يېقىنلىشىپ جازالايمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ۋە مەن**
**ئۇنىڭ ئورمانلىقىدا بىر ئوت ياقىمەن، ئۇ بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى**
**ھەممىنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىدۇ.**

## پادىشاھقا ئېيتىلغان بىر سۆز

22 [1] **پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: «بارغىن، يەھۇدا**
**پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپ بۇ سۆزنى شۇ يەردە قىلغىن:**

---

12:21 **«ئى داۋۇتنىڭ جەمەتى، ...: ــ ھەر ئەتىگەندە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىڭلار»** ــ قارىغاندا، پادىشاھنىڭ سوتلىرى ئەتىگەندە ئۆتكۈزۈلەتتى. يەنە كېلىپ «ھەر ئەتىگەندە» دېگەن ئىبارە بەلكىم «ئادالەت بىرىنچى ئىش بولسۇن، ھەر كۈندە ئەڭ مۇھىم ئىش بولسۇن» دېگەن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**12:21** يەر. 3:22

13:21 **«جىلغا ئۇستىدە... قىيادا ئولتۇرغۇچى...»** ــ بىزنىڭچە بۇ ئوردىدا ئولتۇرغان پادىشاھ-ئەمىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە پادىشاھ ئوردىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، يېرۇسالېمدىكى ئىككى تاغ ئارىسىدىكى كىچىك جىلغا «تۈزلەڭلىك» قىلىپ تىندۇرۇلغان ئاندىن ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوردا قۇرۇلغان. شۇنداق قىلىپ كىدرون جىلغىسى ئۇستىدە ــ يەنى «پەلەككە تاقاشقان» بىر ئىنتايىن بىخەتەر جايدا ــ ئوردا كۆرۈنەتتى. دېمەك، بۇ سۆزلەر پادىشاھ ھەم ئوردىدىكىلەرگە ئېيتىلغان بولۇشى كېرەك.

—بەزى تەرجىمانلار بۇ ئايەت يېرۇسالېم شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى ۋە كېيىندىكى ئايەتلەرگە قارىغاندا، بىزنىڭچە ئۇ ئوردىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

14:21 **«مەن ئۇنىڭ ئورمانلىقىدا بىر ئوت ياقىمەن»** ــ «ئورمانلىق» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئوردىنىڭ بىر پەخرى بولغان سۇلايمان پادىشاھ بىنا قىلغان ھەيۋەتلىك «لىۋان ئورمانلىقى ئۆيى» (لىۋاننىڭ كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان) ئىدى. 6:22نىمۇ كۆرۈڭ.

**14:21** يەر. 27:17

— 2پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئى داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇچى،
يەھۇدا پادىشاھى — سەن، ئەلەمدار-خىزمەتكارلىرىڭ ۋە مۇشۇ
دەرۋازىلاردىن كىرىپ-چىقىدىغان خەلقىڭ، —
3پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق يۈرگۈزۈڭلار؛
بۇلانغان كىشىنى ئەزگۈچىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇڭلار؛ مۇساپىرلارنى،
يېتىم-يېسىرلەرنى ۋە تۇل خوتۇنلارنى ھېچ خارلىماڭلار ياكى
بوزەك قىلماڭلار، گۇناھسىز قانلارنى بۇ يەردە تۆكمەڭلار. 4سىلەر بۇ
ئەمرلەرگە ھەقىقەتەن ئەمەل قىلساڭلار، ئەمدى داۋۇتنىڭ تەختىگە
ئولتۇرغان پادىشاھلار، يەنى ئۇلار، ئۇلارنىڭ ئەمەلدار-خىزمەتكارلىرى
ۋە خەلقى جەڭ ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ ۋە ئاتلارغا مىنىپ بۇ ئۆينىڭ
دەرۋازىلىرىدىن كىرىپ چىقىشىدۇ. 5بىراق سىلەر بۇ سۆزلەرنى
ئاڭلىمىساڭلار، مەن ئۆز نامىم بىلەن قەسەم ئىچكەنكى، — دەيدۇ
پەرۋەردىگار، — بۇ ئوردا بىر خارابە بولىدۇ.
6چۈنكى پەرۋەردىگار يەھۇدا پادىشاھىنىڭ ئۆيى توغرۇلۇق مۇنداق
دەيدۇ: — سەن ماڭا خۇددى گىلېئاد، لىۋاننىڭ چوققىسىدەك بولغىنىڭ
بىلەن، بەرھەق مەن سېنى بىر چۆل-باياۋان، ئادەملەر ۋاز كەچكەن
شەھەرلەردەك قىلىمەن. 7مەن ھەربىرى ياخشى قوراللانغان ۋەيران

---

1:22 **«بارغىن، يەھۇدا پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپ بۇ سۆزنى شۇ يەردە قىلغىن»** — بىزنىڭچە، بۇ سۆز بەلكىم زەدەكىيادىن ئىلگىرىكى بىر پادىشاھقا ئېيتىلغان بولسا كېرەك، چۈنكى بۇ سۆز بىرخىل «قۇتقۇزۇش» ئۈمىدىنى ئېلىپ كېلەتتى؛ لېكىن 21-باب، 12-14ئايەتلەردە زەدەكىيا پەقەت «جازالاش»نى كۆتىدۇ (ئۇنىڭغا ئىككى خىل جازا ئېلىپ كېلىنىدۇ).

**3:22** يەر. 6:7؛ 12:21

4:22 **«داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان پادىشاھلار، يەنى ئۇلار، ئۇلارنىڭ ئەمەلدار-خىزمەتكارلىرى...»** — مۇشۇ يەردىكى «ئۇلار» ئىبرانىي تىلدا «ئۇ». مەلۇم بىر زاماندا داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان پادىشاھ پەقەت بىر بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

**4:22** يەر. 25:17؛ ۋەھ. 21:3

5:22 **«مەن ئۆز نامىم بىلەن قەسەم ئىچكەنكى...»** — ئىبرانىي تىلدا «مەن ئۆزۈم بىلەن قەسەم ئىچكەنكى...».

6:22 **«سەن ماڭا خۇددى گىلېئاد، لىۋاننىڭ چوققىسىدەك...»** — گىلېئاد ۋە لىۋان گۈزەل ئورمانلىقلىرى بىلەن داڭقى چىققان جايلاردۇر. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، پادىشاھنىڭ ئوردىسى

قىلغۇچىلارنى ساڭا قارشى ئەۋەتىمەن؛ ئۇلار «ئېسىل كېدىرلىرىڭنى»
كېسىۋېتىپ، ئوتقا تاشلايدۇ. [8] نۇرغۇن ئەللەر بۇ شەھەردىن ئۆتۈپ،
ھەربىرى يېقىنىدىن: «نېمىشقا پەرۋەردىگار بۇ ئۇلۇغ شەھەرنى بۇنداق
قىلغاندۇ؟» دەپ سورايدۇ.
[9] ۋە ئۇلار جاۋابەن: «چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ
ئەھدىسىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ ئۇلارنىڭ
قۇللۇقىغا كىرگەن» ــ دەيدۇ.

## 1-بېشارەت ـ يەھوئاھاز پادىشاھنىڭ جازاسى

[10] ئۆلگىنىگە يىغلىماڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ-زارلىماڭلار؛ بەلكى
سۈرگۈن بولغىنى ئۈچۈن قاتتىق يىغلاڭلار، چۈنكى ئۇ ئۆز يۇرتىغا
ھېچقاچان قايتىپ كەلمەيدۇ. [11] چۈنكى يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ

---

ھەرخىل ياغاچلار بىلەن بېزەلگەنىدى.

7:22 **«مەن ھەربىرى ياخشى قوراللانغان ۋەيران قىلغۇچىلارنى ساڭا قارشى ئەۋەتىمەن؛ ئۇلار «ئېسىل كېدىرلىرىڭنى» كېسىۋېتىپ، ئوتقا تاشلايدۇ»** ــ ئوردىدىكى چىرايلىق ياغاچ تۈۋرۈك-ياساقلار توغرۇلۇق يۇقىرىقى 6-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**7:22** يەر. 6:15

**8:22** قان. 23:29؛ 1پاد. 8:9

10:22 **«ئۆلگىنىگە يىغلىماڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ-زارلىماڭلار؛ بەلكى سۈرگۈن بولغىنى ئۈچۈن قاتتىق يىغلاڭلار...»** ــ (ئىزاھات: ـ تۆۋەندىكى 10-30-ئايەتلەر بولسا، يەھۇدانىڭ ئۈچ پادىشاھنىڭ جازاسى توغرۇلۇق بېشارەتلەردىن ئىبارەت. شۇڭا، بېشارەتلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرى 609-597-يىللار مەزگىلىدە بېرىلگەن؛ شۈبھىسىزكى، يەرەمىيانىڭمۇ بۇ يەردە ئۇلارنى بىر يەردە بايان قىلىشىنىڭ مەقسىتى، بۇ ئەرزىمەس پادىشاھلارنى 23-بابتىكى بېشارەتتە كۆرسىتىلگەن «ھەقىقىي باققۇچى» ـ يەنى مەسىھ بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. پادىشاھلار («خەلقنى باققۇچى») ئەيىبلىك (22)، يېرۇسالېمدىكىلەر ئۆزلىرىمۇ ئەيىبلىك (20-23)، چۈنكى ئۇلار بۇ پادىشاھلار («باققۇچىلار»)نىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا قىزىققان، ھەشەمەتلىك ئوردىسىدىن پەخىرلەنگەن؛ ئۇلار يەنە بۇ پادىشاھلارنىڭ چوقۇنغان بۇتلىرىغا چوقۇنغان، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ يات ئەللىك پادىشاھلىرى («سېنىڭ ئاشنىلىرىڭ») بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىششلىرىنى تولۇق قوللىغان. ئۇنداق ئىتتىپاقلىشىش پەرۋەردىگارغا تايانماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى).

—(1-بېشارەت (10-12) توغرۇلۇق ئىزاھات: ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرى 609-يىلى يوسىيا پادىشاھ مىسىر پادىشاھى پىرەۋۇن تەرىپىدىن جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ ئادالەتلىك-دىيانەتلىك پادىشاھ بولۇپ، نۇرغۇن خەلق ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئۆكۈنۈشتى. يەھوئاھاز تەختىدە ئۈچ ئايلا ئولتۇرغان،

ئوغلى، يەنى ئاتىسى يوسىيانىڭ ئورنىغا تەختتىگە ئولتۇرغان، بۇ
يەردىن سۈرگۈن بولغان شاللۇم توغرۇلۇق پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ
ھەرگىز بۇ يەرگە قايتمايدۇ؛ [12] چۈنكى ئۇ ئەسىر قىلىنىپ ئاپىرىلغان
يۇرتتا ئۆلىدۇ، ئۇ بۇ زېمىننى ئىككىنچى كۆرمەيدۇ.

## 2-بېشارەت ـ يەھوئاكىم پادىشاھنىڭ جازاسى

[13] ئۆيىنى ئادىلسىزلىق بىلەن، بالىخانا-راۋاقلىرىنى ئادالەتسىزلىك
بىلەن قۇرغاننىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇ قوشنىسىنى بىكار ئىشلىتىپ،
ئەمگىكىگە ھېچقانداق ھەق بەرمەيدۇ؛ [14] ئۇ: «ئۆزۈمگە كەڭتاشا بىر
ئوردىنى، ئازادە راۋاقلار بىلەن قوشۇپ سالىمەن؛ تاملىرىغا دېرىزىلەرنى
كەڭ چىقىرىمەن؛ تاملىرىنى كېدىر تاختايلار بىلەن بېزەيمەن، ئۆيلىرىنى
پەرەڭ سىرلايمەن» ـ دەيدۇ. ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي!
[15] سەن كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان تاختايلارنى چاپلاپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭ
بىلەن بەسلەشسەڭ قانداقمۇ پادىشاھ بولۇشقا لايىق بولىسەن؟ سېنىڭ
ئاتاڭ يەپ-ئىچىشكە تەشەككۇر ئېيتىپ، ئادالەت ۋە دۇرۇس ئىشلارنى

---

ئاندىن مىلادىيەدىن ئىلگىرى 609-597-يىللىرى پىرەۋن تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ بېشارەت شۇ چاغدا بېرىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا بېشارەتتىكى «ئۆلگىنى» بولسا يوسىيانى، «سۈرگۈن بولغىنى» بولسا يەھوئاھازنى كۆرسىتىدۇ).

11:22 **«شاللۇم»** ـ يەھوئاھازنىڭ بىرىنچى ئىسمى، مەنىسى «ھېساب ئېلىش» بولغاچقا، يەرەمىيا بەلكىم ئۇنى مۇشۇ يەردە قەستەن ئىشلىتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىدىغان بولىدۇ.

12:22 **«ئۇ ئەسىر قىلىنىپ ئاپىرىلغان يۇرتتا ئۆلىدۇ، ئۇ بۇ زېمىننى ئىككىنچى كۆرمەيدۇ.»** ـ بۇ بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى توغرىسىدا «2پاد.» 34:23نى كۆرۈڭ.

13:22 **«ئۆيىنى ئادىلسىزلىق بىلەن، بالىخانا-راۋاقلىرىنى ئادالەتسىزلىك بىلەن قۇرغاننىڭ ھالىغا ۋاي!...»** ـ بۇ يەھوئاكىمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بېشارەت (13-19، 20-23) يەھوئاكىم توغرۇلۇق بېشارەت. «2پاد.» 34:23-6:24دىمۇ خاتىرىلەنگەن، پىرەۋن يەھوئاھازنى سۈرگۈن قىلغاندىن كېيىن ئۇكىسى يەھوئاكىمنى «قونچاق پادىشاھ» بولۇشقا تىكلىگەن. ئۇ ئون بىر يىل تەختكە ئولتۇرغان، رەزىل پادىشاھ ئىدى. يەھۇدىي تارىخشۇناس يوسىپفۇس يەھوئاكىمنىڭ ئۆلۈمى بېشارەتتەك بولغانلىقىنى خاتىرىلىگەن (يوسىپفۇسنىڭ «قەدىمكى ئىشلار»ى، 10-باب، 3:6).

**13:22** لاۋ. 13:19؛ قان. 14،15:24؛ ھاب. 9:2

يۇرگۈزگەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇ بۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرگەن. [16] ئۇ
مۆمىنلەرنىڭ ۋە نامراتلارنىڭ دەۋاسىنى توغرا سورىغان؛ شۇڭا خەلقىنىڭ
ئەھۋالى ياخشى ئىدى. بۇنداق ئىش مېنى تونۇشتىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟»
ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار. [17] ــ بىراق كۆزۈڭ ۋە كۆڭلۈڭ بولسا پەقەت ئۆز جازانە-
مەنپەئەتىڭگە ئېرىشىش، گۇناھسىزلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، زورلۇق-
زومبۇلۇق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش پەيتىنى كۆزلەپ تىكىلگەندۇر.
[18] شۇڭا پەرۋەردىگار يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئوغلى يەھوئاكىم
توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ــ خەلق ئۇنىڭ ئۆلۈمىدە: «ئاھ، ئاكام!
ئاھ، سىڭلىم!» دەپ ئاھ-زارلار كۆتۈرمەيدۇ؛ ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن:
«ئاھ، بېگىم! ئاھ، ئۇنىڭ ھەيۋىسى!» دەپ ئاھ-زارلار كۆتۈرمەيدۇ؛
[19] ئۇ ئېشەكنىڭ دەپنىسىدەك كۆمۈلىدۇ، جەستى يېرۇسالېم
دەرۋازىلىرىنىڭ سىرتىغا چۆرۈپ تاشلىنىدۇ.

## يېرۇسالېمدىكىلەرگە ئاگاھ بېرىش

[20] لىۋانغا چىقىپ پەرياد قىل، باشاندا ئاۋازىڭنى كۆتۈر، ئابارىمنىڭ
چوققىلىرىدىنمۇ نالە كۆتۈر؛ چۈنكى سېنىڭ «ئاشنىلىرىڭ»نىڭ
ھەممىسى نابۇت قىلىندى. [21] مەن ئامان-ئېسەن تۇرغىنىڭدا

---

15:22 **«سېنىڭ ئاتاڭ يەپ-ئىچىشكە تەشەككۇر ئېيتىپ، ئادالەت ۋە دۇرۇس ئىشلارنى يۇرگۈزگەن ئەمەسمۇ؟»** ــ «ئاتاڭ» بولسا دۇرۇس پادىشاھ يوسىيا ئىدى. «...يەپ-ئىچىشكە تەشەككۇر ئېيتىپ...» ئىبرانىي تىلدا پەقەت سۆزمۇسۆز بولسا: «ئۇ يېگەن ۋە ئىچكەن...» دېيىلىدۇ

**18:22** يەر. 4:16، 5، 6

19:22 **«ئۇ ئېشەكنىڭ دەپنىسىدەك كۆمۈلىدۇ، جەستى يېرۇسالېم دەرۋازىلىرىنىڭ سىرتىغا چۆرۈپ تاشلىنىدۇ»** ــ يەھۇدىي تارىخشۇناس يوسىفۇسنىڭ دېگىنى بويىچە بولغاندا، نېبوقادنەسار ئۇنىڭ جەستىنى يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىدىن سىرتقا تاشلىۋەتكەنىدى.

**19:22** يەر. 3:15؛ 30:36

20:22 **«لىۋانغا چىقىپ پەرياد قىل، باشاندا ئاۋازىڭنى كۆتۈر، ئابارىمنىڭ چوققىلىرىدىنمۇ نالە كۆتۈر»** ــ بۇ ئۈچ جاي (لىۋان، باشان، ئابارىم) ھەممىسى «يۇقىرى جاي»لار ئىدى. ئىسرائىلنىڭ ئېغىر بىر گۇناھى بولسا «يۇقىرى جاي»لارغا چىقىپ شۇ يەردە بۇتلارغا «تاۋاپگاھ» ياساپ ئۇلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت. لېكىن ئۇلارغا «ئاشنىلار» بولغان بۇتلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەن تەرىپىدىن بۇزۇلىدۇ ياكى بۇلىنىپ كېتىدۇ (22-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). «ئاشنىلار» ئىككىنچى مەنىسى بەلكىم ئۇلار

ساڭا ئاگاھلاندۇردۇم؛ لېكىن سەن: «ئاڭلىمايمەن!» ــ دېدىڭ.
ياشلىقىڭدىن تارتىپلا بۇنداق قىلىپ مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق
سالماسلىق دەل سېنىڭ يولۇڭ بولۇپ كەلگەن. 22 شامال بارلىق
«باققۇچى»لىرىڭغا «باققۇچى» بولۇپ ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئاشنىلىرىڭ سۈرگۈن بولۇشقا چىقىدۇ؛ بەرھەق، سەن
شۇ چاغدا بارلىق رەزىللىكىڭ تۈپەيلىدىن خىجىل بولۇپ رەسۋا
بولىسەن. 23 ئى «لىۋان»دا تۇرغۇچى، كېدىر دەرەخلىرى ئۈستىگە
ئۇۋۇلىغۇچى، سەن تولغاق تۇتقان ئايالنىڭ ئازابلىرىدەك، دەرد-
ئەلەملەر بېشىڭغا چۈشكەندە قانچىلىك ئىڭراپ كېتەرسەن!

## 3-بېشارەت، 24-30-ئايە
## كونىيا، يەنى «يەھوئاكىن» پادىشاھ سۈرگۈن قىلىنىپ قايتىپ كەلمەيدۇ

24 ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ سەن
يەھوئاكىمنىڭ ئوغلى كونىيا ھەتتا ئوڭ قولۇمدىكى مۆھۈرلۈك ئۈزۈك
بولساڭمۇ، مەن سېنى شۇ يەردىن يۇلۇپ تاشلايمەن؛ 25 مەن سېنى جېنىڭنى

---

ئىتتىپاقداش قىلماقچى بولغان «يات ئەللەر»نىمۇ كۆرسىتىدۇ (22-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

21:22 **«مەن ئامان-ئېسەن تۇرغىنىڭدا ساڭا ئاگاھلاندۇردۇم»** ــ بۇ بەلكىم يەرەمىيادىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**21:22** يەر. 23:5؛ 7:23-28؛ 11:7، 8؛ 13:10، 11؛ 16:12؛ 17:23؛ 18:12؛ 19:15

22:22 **«باققۇچىلار»** ــ «باققۇچىلار»، شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار، ئاتالمىش «پەيغەمبەرلەر» ۋە كاھىنلارنى كۆرسىتىدۇ. «ئاشنىلار» بولسا بەلكىم ئۇلار چوقۇنغان بۇتلارنى ھەمدە يەنە ئۆزى بۇتلارغا چوقۇنغان ئىتتىپاقداش قىلماقچى بولغان «يات ئەللەر»نىمۇ كۆرسىتىدۇ (22-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

23:22 **«قانچىلىك ئىڭراپ كېتىسەن»** ــ ياكى، «نېمىدېگەن ئېچىنارلىق بولارسەن-ھە!»

24:22 **«سەن يەھوئاكىمنىڭ ئوغلى كونىيا ھەتتا ئوڭ قولۇمدىكى مۆھۈرلۈك ئۈزۈك بولساڭمۇ، مەن سېنى شۇ يەردىن يۇلۇپ تاشلايمەن...»** ــ بۇ بېشارەت (24-30) يەھوئاكىن (قىسقا ئىسمى، كونىيا) پادىشاھ توغرۇلۇقتۇر. يەھوئاكىن مىلادىيەدىن ئىلگىرى 597-يىلى ئاتىسى يەھوئاكىمنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۈچ ئايلا تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ رەزىل پادىشاھ بولۇپ، بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ ئىشلار «2پاد.» 23:34-24:6دە خاتىرىلەنگەن).
—ئەمەلىيەتتە يەھوئاكىن (كونىيا، ياكى يەكونىياھ) ۋە يەھۇدانىڭ بارلىق پادىشاھلىرى پەرۋەردىگارنىڭ

ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قولىغا ۋە سەن قورققان ئادەملەرنىڭ قولىغا، يەنى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ قولىغا ۋە كالدىيلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن. [26] مەن سېنى ھەم سېنى تۇغقان ئاناڭ ئىككىڭلارنى ئۆزۈڭلار تۇغۇلمىغان يات بىر يۇرتقا چۆرۈۋېتىمەن؛ سىلەر شۇ يەردە ئۆلىسىلەر. [27] جېنىڭلار قايتىپ كېلىشكە شۇنچە تەشنا بولغان بۇ زېمىنغا بولسا، سىلەر ھەرگىز قايتىپ كېلەلمەيسىلەر. [28] كونىيا دېگەن بۇ كىشى چېقىلغان، نەزەرگە ئېلىنمايدىغان ساپال كوزىمۇ؟ ھېچكىم قارىمايدىغان بىر قاچىمۇ؟ ئەمدى نېمىشقا ئۇلار، يەنى ئۇ ۋە ئۇنىڭ نەسلى بولغانلار چۆرۈۋېتىلگەن، ئۇلار تونۇمايدىغان بىر يۇرتقا تاشلىۋېتىلىدۇ؟ [29] ئى زېمىن، زېمىن، زېمىن، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا! [30] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ بۇ ئادەم «پەرزەنتسىز، ئۆز كۈنىدە ھېچ غەلىبە قىلالمىغان بىر ئادەم» دەپ يازغىن؛ چۈنكى ئۇنىڭ نەسلىدىن ھېچقانداق ئادەم غەلىبە قىلىپ، داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ يەھۇدا ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرمەيدۇ.

## يالغان باققۇچىلار ۋە ھەقىقىي باققۇچى؛ سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەن بىر خەلق، يېڭى باققۇچىلار

23 [1] ‌ بېمىنىڭ يايلىقىمدىكى قويلارنى ھالاك قىلغۇچى ۋە تارقىتىۋەتكۈچى پادا باققۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ــ دەيدۇ

---

ھوقۇقىنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا، ئۇلارنى ئۇنىڭ «مۆھۈرلۈك ئۈزۈك»ى دېگىلى بولاتتى. ئوقۇرمەنلەر بىر پادىشاھنىڭ «مۆھۈرلۈك ئۈزۈك»ىنىڭ ئۆزىگە شۇنچە مۇھىم ۋە قەدىرلىك بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ؛ ئەگەر خۇدا «مۆھۈرلۈك ئۈزۈك»نى تاشلىۋەتكەن بولسا، ئۇنداقتا ئۈزۈكتە ئىنتايىن يىرگىنچلىك بىر ئىش چوقۇم پەيدا بولغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

30:22 **«بۇ ئادەم «پەرزەنتسىز، ئۆز كۈنىدە ھېچ غەلىبە قىلالمىغان بىر ئادەم» دەپ يازغىن؛ چۈنكى ئۇنىڭ نەسلىدىن ھېچقانداق ئادەم غەلىبە قىلىپ، داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ يەھۇدا ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرمەيدۇ»** ــ بۇ 30-ئايەتتىكى مۇھىم بىر بېشارەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزگە قاراڭ.

**پەرۋەردىگار. ²شۇڭا ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ئۆز
خەلقىنى شۇنداق بېقىۋاتقان باققۇچىلارغا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر
مېنىڭ پادامنى تارقىتىۋەتكەنسىلەر، ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەنسىلەر ۋە
ئۇلارنى ئىزدىمىگەنسىلەر ۋە ئۇلاردىن ھېچ خەۋەر ئالمىغانسىلەر؛ مانا،
مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنىڭ رەزىللىكىنى ئۆز بېشىڭلارغا
چۈشۈرىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار ــ ³ۋە پادامنىڭ قالدىسىنى بولسا،
مەن ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەن بارلىق پادىشاھلىقلاردىن يىغىمەن، ئۇلارنى
ئۆز يايلاقلىرىغا قايتۇرىمەن؛ ئۇلار ئاۋۇپ كۆپىيىدۇ. ⁴مەن ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە ئۇلارنى ھەقىقىي باقىدىغان باققۇچىلارنى تىكلەيمەن؛ شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار ئىككىنچى قورقمايدۇ ياكى پاراكەندە بولمايدۇ، ئۇلاردىن
ھېچقايسىسى كەم بولمايدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار. ⁵مانا، شۇ كۈنلەر
كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن داۋۇت ئۈچۈن بىر «ھەققانىي
شاخ»نى ئۆستۈرۈپ تىكلەيمەن؛ ئۇ پادىشاھ بولۇپ دانالىق بىلەن
ھۆكۈم سۈرۈپ، زېمىندا ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق يۈرگۈزىدۇ. ⁶ئۇنىڭ
كۈنلىرىدە يەھۇدا قۇتقۇزۇلىدۇ، ئىسرائىل ئامان-تىنچلىقتا تۇرىدۇ؛
ئۇ شۇ نامى بىلەن ئاتىلىدۇكى ــ «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىز».**

---

1:23 **«يايلىقىمدىكى قويلار»** ــ يەھۇدىي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**1:23** ئەز. 2:34

**4:23** ئەز. 11،12:34

5:23 **«مەن داۋۇت ئۈچۈن بىر «ھەققانىي شاخ»نى ئۆستۈرۈپ تىكلەيمەن؛ ئۇ پادىشاھ بولۇپ دانالىق بىلەن ھۆكۈم سۈرۈپ، زېمىندا ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق يۈرگۈزىدۇ»** ــ يەھوئاھاز، يەھوئاكىم ۋە يەھوئاكىننىڭ ئۆلۈشى ياكى سۈرگۈن بولۇشى بىلەن داۋۇتنىڭ جەمەتى «كېسىلگەن بىر دەرەخ»نىڭ كۆتىكىدەك بولىدۇ. لېكىن خۇدا مەسىھ («ھەققانىي شاخ») بىلەن يەنىلا بۇ دەرەخنى قايتىدىن كۆكلىتىدۇ. «يەش.» 11:1-6نى ۋە «زەك.» 8:3 ۋە 12:6نى كۆرۈڭ

**5:23** يەش. 2:4؛ 11:40؛ يەر. 14،15:33؛ دان. 24:9؛ لۇقا 32،33:1

6:23 **«ئۇنىڭ كۈنلىرىدە يەھۇدا قۇتقۇزۇلىدۇ، ئىسرائىل ئامان-تىنچلىقتا تۇرىدۇ؛ ئۇ شۇ نامى بىلەن ئاتىلىدۇكى ــ «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىز»»** ــ بۇ بېشارەت: (1) مەسىھنىڭ خۇدالىق تەبىئىتىنى؛ (2) كەلگۈسىدە يەھۇدا (ئىككى قەبىلە)نىڭ ۋە ئىسرائىل (ئون قەبىلە)نىڭ قايتىدىن بىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**6:23** قان. 28:33

[7] شۇڭا مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ «ئىسرائىللارنى
مىسىر زېمىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىقارغان پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن!»
دېگەن قەسەم قايتىدىن ئىشلىتىلمەيدۇ، [8] بەلكى شۇ كۈنلەردە
«ئىسرائىللارنى شىمالدىكى زېمىندىن ۋە ئۇلارنى ھەيدىگەن
بارلىق پادىشاھلىقلاردىن قۇتقۇزۇپ چىقارغان پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى
بىلەن!» دەپ قەسەم ئىچىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆز يۇرتىدا تۇرىدۇ.

## ساختا پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا

[9] پەيغەمبەرلەر توغرۇلۇق: ــ مېنىڭ كۆڭلۈم ئىچ-باغرىمدا سۇنۇقتۇر؛
سۆڭەكلىرىمنىڭ ھەممىسى تىترەيدۇ؛ مەن مەست بولغان ئادەم،
شاراب تەرىپىدىن يېڭىلگەن ئادەمگە ئوخشايمەن؛ بۇنداق بولۇشۇم
پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ پاك-مۇقەددەس سۆزلىرى تۈپەيلىدىندۇر؛
[10] چۈنكى زېمىن بولسا زىناخورلارغا تولغان؛ ئۇلارنىڭ يۈگۈرۈشلىرى
توغرا يولدا ئەمەس؛ ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ھەققانىيلىق يولىدا ئەمەس.
شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ لەنىتى تۈپەيلىدىن زېمىن قاغجىرايدۇ؛
دالادىكى ئوت-چۆپ سولىشىدۇ؛ [11] چۈنكى ھەم پەيغەمبەر ھەم كاھىن
ھارام بولدى؛ ھەتتا ئۆز ئۆيۈمدىمۇ ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى
بايقىدىم، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

---

**7:23** يەر. 14:15:16
**9:23 «بۇنداق بولۇشۇم پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ پاك-مۇقەددەس سۆزلىرى تۈپەيلىدىندۇر»** ــ كۆز ئالدىدىكى (تۆۋەندە، 10-40-ئايەتلەردە ئېيتىلغان) گۇناھلار، ساختىلىق ۋە شۇنداقلا خەلقنىڭ (ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ھەقىقىي سۆزلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈشى تۈپەيلىدىن) ئۆزىنى رەت قىلغانلىقى يەرەمىيانىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە ۋە سۇنۇق قىلغان.
**10:23 «زېمىن بولسا زىناخورلارغا تولغان»** ــ بۇ «زىناخورلار»نىڭ كىم ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى 11-ئايەتتە ئايان قىلىنىدۇ ــ يەنى ئۆز ھوقۇقىنى ھارام يولدا ئىشلىتىدىغان كاھىنلار ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر. ئۇلارنىڭ «زىناخورلۇقى» بەلكىم ھەم جىسمانىي جەھەتتىكى زىناخورلۇق ۋە خۇداغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ بۇتلارغا چوقۇنۇشنىمۇ كۆرسىتىدۇ. پەلەستىندىكى بۇتپەرەسلىك ھەردائىم بۇتخانىدىكى «پاھىشە ئاياللار» بىلەن باغلىق ئىدى.
**10:23** يەر. 7:5، 8؛ 2:9
**11:23** يەر. 13:6؛ 10:8؛ 18:14

[12] — شۇڭا ئۇلارنىڭ يولى ئۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇقتا ماڭىدىغان، تېيىلغاق
يوللاردەك بولىدۇ؛ ئۇلار بۇ يوللاردا پۇتلىشىپ، يىقىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار
جازالىنىدىغان يىلىدا مەن ئۇلارنىڭ بېشىغا يامانلىق چۈشۈرىمەن،
— دەيدۇ پەرۋەردىگار. [13] مەن ئاۋۋال سامارىيەدىكى پەيغەمبەرلەردە
ئەخمەقلىقنى كۆرگەنمەن؛ ئۇلار بائالنىڭ نامىدا بېشارەت
بېرىپ، خەلقىم ئىسرائىلنى ئازدۇرغان؛ [14] بىراق يېرۇسالېمدىكى
پەيغەمبەرلەردىمۇ يىرگىنچلىك بىر ئىشنى كۆردۈم؛ ئۇلار زىناخورلۇق
قىلىدۇ، يالغانلىقتا ماڭىدۇ، رەزىللىك قىلغۇچىلارنىڭ قولىنى
كۈچەيتىدۇكى، نەتىجىدە ھېچقايسىسى رەزىللىكىدىن يانمايدۇ؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا سودومدەك، يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ماڭا
گوموررادەك بولدى. [15] شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار پەيغەمبەرلەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: — مانا، مەن ئۇلارنى
ئەمەن بىلەن ئوزۇقلاندۇرىمەن، ئۇلارغا ئۆت سۈيىنى ئىچكۈزىمەن؛
چۈنكى يېرۇسالېمدىكى پەيغەمبەرلەر ھاراملىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ،
ھاراملىق ئۇلاردىن پۈتكۈل زېمىنغا تارقىلىپ كەتتى.

---

12:23 **«ئۇلار جازالىنىدىغان يىلى»** — ئىبرانىي تىلدا «ئۇلارنى يوقلىشىم كېرەك بولغان يىلى» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

**12:23** زەب. 6:35؛ 18:73؛ يەر. 16:13

14:23 **«يېرۇسالېمدىكى پەيغەمبەرلەردىمۇ يىرگىنچلىك بىر ئىشنى كۆردۈم؛ ئۇلار زىناخورلۇق قىلىدۇ، يالغانلىقتا ماڭىدۇ، رەزىللىك قىلغۇچىلارنىڭ قولىنى كۈچەيتىدۇكى، نەتىجىدە ھېچقايسىسى رەزىللىكىدىن يانمايدۇ...»** — سامارىيەدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ساختا بېشارەت («بائالنىڭ نامىدا») بەرگەنلىكى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس؛ سامارىيە (ئىسرائىل، يەنى «شىمالىي پادىشاھلىق») بۇتپەرەس پادىشاھلار ئاستىدا بالدۇرلا خۇدانىڭ يولىدىن چىققانىدى. بىراق يېرۇسالېم (يەھۇدا)دا خۇدا ئەۋەتكەن ھەقىقىي پەيغەمبەرلەر كۆپ بولغاچقا، ھەقىقەتنى ئۇلارغا نىسبەتەن خېلىلا ئوبدان بىلىشى كېرەك ئىدى. **«ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا سودومدەك، يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ماڭا گوموررادەك بولدى»** — ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، سودوم ۋە گومورra ئىككى ئىنتايىن رەزىل شەھەرلەر بولۇپ، خۇدا ئۇلار ئۈستىگە ئوت ياغدۇرۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى («يار.» 19-بابنى كۆرۈڭ).

**14:23** يەش. 9:1

**15:23** يەر. 14:8؛ 15:9

[16] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ سىلەرگە بېشارەت بېرىۋاتقان پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق
سالماڭلار؛ ئۇلار سىلەرنى بىمەنىلىككە يېتەكلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ
سۆزلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئەمەس، بەلكى ئۆز
كۆڭلىدە تەسەۋۋۇر قىلغان بىر كۆرۈنۈشنى سۆزلەۋاتىدۇ. [17] ئۇلار
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى كۆزىگە ئىلمايدىغانلارغا: «سىلەر ئامان-
تىنچلىقتا تۇرىسىلەر» دەيدۇ ۋە ئۆز كۆڭلىنىڭ جاھىللىقىدا
ماڭىدىغانلارنىڭ ھەربىرىگە: «ھېچقانداق يامانلىق بېشىڭلارغا
چۈشمەيدۇ» ــ دەيدۇ. [18] بىراق ئۇلاردىن قايسى بىرسى پەرۋەردىگارنىڭ
كېڭىشىدە ئۇنىڭ سۆز-كالامىنى بايقاپ چۈشىنىش ۋە ئاڭلاش ئۈچۈن
تۇرغان؟ ئۇلاردىن كىم ئۇنىڭ سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان؟ [19] مانا،
پەرۋەردىگاردىن چىققان بىر بوران-چاپقۇن! ئۇنىڭدىن قەھر چىقتى؛
بەرھەق، دەھشەتلىك بىر قارا قۇيۇن چىقىپ كەلدى؛ ئۇ پىرقىراپ
رەزىللەرنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. [20] ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى نىيەتلىرىنى
ئادا قىلىپ تولۇق ئەمەل قىلغۇچە، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى يانمايدۇ؛
ئاخىرقى كۈنلەردە سىلەر بۇنى ئوبدان چۈشىنىپ يېتىسىلەر. [21] مەن بۇ
پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتمىگەنمەن، لېكىن ئۇلار خەۋەرنى جار قىلىشقا
قاتىرىغان؛ مەن ئۇلارغا سۆز قىلمىدىم، لېكىن ئۇلار بېشارەت بەرگەن.
[22] ھالبۇكى، ئۇلار مېنىڭ كېڭىشىمدە تۇرغان بولسا، مېنىڭ خەلقىمگە
سۆزلىرىمنى ئاڭلاتقۇزغان بولسا، ئەمدى خەلقىمنى رەزىل يولىدىن ۋە
قىلمىشلىرىنىڭ رەزىللىكىدىن ياندۇرغان بولاتتى.

---

17:23 **«ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى كۆزىگە ئىلمايدىغانلارغا: «سىلەر ئامان-تىنچلىقتا تۇرىسىلەر» دەيدۇ ۋە...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار مېنى كەمسىتىدىغانلارغا: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئامان-تىنچلىقتا تۇرىسىلەر» دەۋېرىدۇ ۋە...».

**17:23** يەر. 14:6؛ 11:8؛ ئەز. 10:13؛ زەك. 2:10

**19:23** يەر. 23:30، 24

**21:23** يەر. 14:14

[23] مەن پەقەت بىر يەردىلا تۇرىدىغان خۇدامۇ؟ ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
ـ مەن يىراق-يىراقلاردىكى ھەرجايدا تۇرىدىغان خۇدا ئەمەسمۇ؟
[24] بىرسى يوشۇرۇن جايلاردا مۆكۈۋالسا مەن ئۇنى كۆرەلمەمدىمەن؟ ـ
دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ـ ئاسمان-زېمىن مەن بىلەن تولدۇرۇلغان ئەمەسمۇ؟
ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار. [25] مەن مېنىڭ نامىمدا يالغان بېشارەتلەر
بېرىدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ: «بىر چۈش كۆردۇم! بىر چۈش كۆردۇم!»
دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم؛ [26] بۇنداق پەيغەمبەرلەر يالغان بېشارەتلەرنى
بېرىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئېزىتقۇ تەسەۋۋۇرلىرىدىن
پەيغەمبەرلەر بولۇشۇۋالغان. ئەمدى ئۇلار بۇنداق ئىشلارنى قاچانغىچە
كۆڭلىگە پۈكىدۇ؟ [27] ئۇلار ھەربىرى قاچانغىچە ئۆز يېقىنىغا ئېيتقان
چۈشلىرى ئارقىلىق (خۇددى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ بائالغا چوقۇنۇپ
نامىمنى ئۇنتۇغىنىغا ئوخشاش) خەلقىمگە نامىمنى ئۇنتۇلدۇرۇشنى
پەملەيدۇ؟
[28] چۈشنى كۆرگەن پەيغەمبەر، چۈشنى ئېيتىپ بەرسۇن؛ مېنىڭ
سۆزۈمنى ئاڭلىغان كىشى بۇ سۆزۈمنى ئەستايىدىللىق بىلەن
سۆزلىسۇن؛ پاخالنىڭ بۇغداي بىلەن سېلىشتۇرغۇچىلىك نېمىسى
باردۇ؟ ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار. [29] ـ مېنىڭ سۆزۈم خۇددى كۆيدۈرگۈچى بىر
ئوت ۋە تاشنى چاقىدىغان بازغان ئەمەسمۇ؟ ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[30] شۇڭا مانا، مەن پەيغەمبەرلەرگە قارشىدۇرمەن، ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
ـ ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز يېقىنىدىن «مېنىڭ سۆزلىرىم»نى ئوغرىلاپ
دورامچىلىق قىلىدۇ. [31] مانا، مەن پەيغەمبەرلەرگە قارشىدۇرمەن،
ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ـ ئۇلار ئۆز تىللىرىنى چايناپ: «پەرۋەردىگار
دەيدۇ...» دەپ بېشارەت بېرىدۇ. [32] مانا، يالغان چۈشلەرنى بېشارەت

---

**23:23 «مەن پەقەت بىر يەردىلا تۇرىدىغان خۇدامۇ؟»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مەن پەقەت يېقىندا تۇرىدىغان خۇدامۇ؟»».

**24:23** زەب. 139:7-12؛ ئام. 9:2، 3

**27:23** ھاك. 3:7؛ 8:34،33

**30:23** قان. 18:20؛ يەر. 14:15،14

قىلىپ بۇلارنى يەتكۈزۈپ، يالغانچىلىقى ۋە باشباشتاقلىقى بىلەن
مېنىڭ خەلقىمنى ئازدۇرغانلارغا قارشىدۇرمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
ــ مەن ئۇلارنى ئەۋەتمىگەنمەن، ئۇلارنى بۇيرۇغان ئەمەسمەن؛ ئۇلار بۇ
خەلققە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمەيدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
33 ئەمدى ياكى بۇ خەلق، ياكى پەيغەمبەر، ياكى كاھىن سەندىن:
«پەرۋەردىگارنىڭ ساڭا يۈكلىگەن سۆزى نېمە؟» دەپ سورىسا، سەن
ئۇلارغا: «قايسى يۈك؟! مەن سىلەرنى ئۆزۈمدىن يىراق تاشلايمەن، ــ
دەيدۇ پەرۋەردىگار. 34 «پەرۋەردىگارنىڭ يۈكلىگەن سۆزى» دەيدىغان
ھەرقايسى پەيغەمبەر، كاھىن ياكى خەلق بولسا، مەن بۇ كىشىنى
ئۆيىدىكىلەر بىلەن تەڭ جازالايمەن. 35 ئەمدى سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار
ئۆز يېقىنىدىن ۋە ھەربىرىڭلار ئۆز قېرىندىشىدىن مۇشۇنداق:
«پەرۋەردىگار نېمە جاۋاب بەردى؟» ۋە «پەرۋەردىگار نېمە دېدى؟» دەپ
سورىشىڭلار كېرەك. 36 سىلەر «پەرۋەردىگارنىڭ يۈكلىگەن سۆزى»
دېگەننى قايتىدىن ئاغزىڭلارغا ئالمايسىلەر؛ چۈنكى ھەربىرىڭلارنىڭ
ئۆز سۆزى ئۆزىگە يۈك بولىدۇ؛ چۈنكى سىلەر خۇدايىمىز، ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، تىرىك خۇدانىڭ سۆزلىرىنى
بۇرمىلىغانسىلەر. 37 ھەربىرىڭلار پەيغەمبەردىن مۇشۇنداق:

---

**32:23** زەف. 4:3.

**33:23 «پەرۋەردىگارنىڭ ساڭا يۈكلىگەن سۆزى نېمە؟... قايسى يۈك؟!...»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولىدۇكى، ئىبرانىي تىلىدا «يۈك» ۋە «ئېغىر بېشارەت» دېگەنلەر ئوخشاش بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ جاۋابى «سىلەر ئۆزۈڭلار ماڭا يۈك!» دېگەن مەنىدە. خەلقنىڭ يەرەميادىن «پەرۋەردىگارنىڭ (ساڭا) يۈكلىگەن سۆزى» توغرۇلۇق سورىشى ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ ئىدى ــ بۇ سۆزنىڭ تېگىدە: «يەرەميا ھەردائىم بىزگە ئېغىر سۆزلەر، شۇم خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ» دېگەن مەنە بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ھېچ ئېچىلمىغانىدى.

**36:23 «ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆز سۆزى ئۆزىگە يۈك بولىدۇ»** ــ يەرەميانىڭ بۇ دېگىنى بىزنىڭچە مۇنداق: «سىلەرنىڭ يالغان سۆزلىرىڭلار، جۈملىدىن ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى سىلەرگە جازا ئېپكېلىدۇ؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ يالغان سۆزلىرىنى سىلەر ياخشى دەپ قوبۇل قىلىپ، شۇنداقلا بىر-بىرىڭلارغا قايتىلاپ ئېيتىسىلەر؛ بۇ يالغان بېشارەتلەر خۇدانىڭ ھەقىقىي «يۈكلىگەن سۆزى» ئەمەس، بەلكى بېشىڭلارغا خۇدانىڭ ئېغىر جازاسى بولغان «يۈك» چۈشۈرىدىغان سۆزدۇر.

«پەرۋەردىگار ساڭا نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟» ۋە «پەرۋەردىگار نېمە
دېدى؟» دەپ سورىشىڭ كېرەك. 38 لېكىن سىلەر: «پەرۋەردىگارنىڭ
يۈكلىگەن سۆزى» دەۋەرگىنىڭلار تۈپەيلىدىن، مانا پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ چۈنكى سىلەر: «پەرۋەردىگارنىڭ يۈكلىگەن سۆزى»
دەۋېرىسىلەر ۋە مەن سىلەرگە: ««پەرۋەردىگارنىڭ يۈكلىگەن سۆزى»
دېمەڭلەر» دەپ خەۋەر ئەۋەتكەنىمەن، 39 شۇڭا مانا، مەن سىلەرنى
پۈتۈنلەي ئۇنتۇيمەن، مەن سىلەرنى سىلەرگە ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا
تەقدىم قىلغان شەھەر بىلەن تەڭ يۈزۈمدىن يىراق تاشلايمەن؛
40 مەن ئۈستۈڭلارغا مەڭگۈ رەسۋاچىلىق ۋە ھەرگىز ئۇنتۇلمايدىغان
مەڭگۈلۈك شەرمەندىلىكنى چۈشۈرىمەن!

## ياخشى ئەنجۈرلەر، يامان ئەنجۈرلەر

24 1 بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار يېرۇسالېمدىن يەھۇئاكىمنىڭ
ئوغلى، يەھۇدا پادىشاھى يەكونىياھ، يەھۇدا ئەمىر-
شاھزادىلىرى، ھۈنەرۋەنلەر ۋە تۆمۈرچىلەرنى ئەسىرگە ئېلىپ بابىلغا
سۈرگۈن قىلغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار ماڭا ئۆز ئىبادەتخانىسى
ئالدىدىكى ئىككى سېۋەت ئەنجۈرنى «مانا كۆر» دەپ كۆرسەتكەن. 2 بىر
سېۋەتتە دەسلەپكى پىشقان ئەنجۈردەك ئىنتايىن ياخشى ئەنجۈرلەر
بار ئىدى؛ ئىككىنچى سېۋەتتە يېگىلى بولمايدىغان، ئىنتايىن
ناچار ئەنجۈرلەر بار ئىدى. 3 ئاندىن پەرۋەردىگار ماڭا: «نېمە كۆردۈڭ،
يەرەمىيا؟» ــ دەپ سورىدى. مەن: «ئەنجۈرلەرنى كۆردۈم؛ ياخشىلىرى
بولسا ئىنتايىن ياخشىكەن؛ ناچارلىرى يېگىلى بولمايدىغان،
ئىنتايىن ناچار ئىكەن» ــ دېدىم. 4 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ
مۇنداق دېگەندە: ــ

---

**39:23** **«مەن سىلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيمەن»** ــ ياكى «سىلەرنى يىراققا ئېلىپ كېتىمەن...»

**40:23** يەر. 11:20

**1:24** 2پاد. 15:24؛ 2تار. 10:36

[5] ئىسرائىلنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن
يەھۇدادىن سۈرگۈن بولغانلارنى، يەنى مېنىڭ بۇ يەردىن كالدىيلەرنىڭ
زېمىنىغا ئەۋەتكەنلىرىمنى بۇ ياخشى ئەنجۈرلەردەك ياخشى دەپ
قارايمەن؛ [6] مەن ئۇلارغا ياخشى بولسۇن دەپ كۆزۈمنى ئۇلارغا تىكىمەن
ۋە ئۇلارنى بۇ زېمىنغا قايتۇرىمەن؛ مەن ئۇلارنى غۇلىتىپ تاشلىمايمەن،
بەلكى ئۇلارنى قۇرىمەن؛ ئۇلارنى يۇلۇپ تاشلىمايمەن، بەلكى تىكىپ
ئۆستۈرىمەن. [7] مەن ئۇلارغا مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلىدىغان، مېنى تونۇيدىغان بىر قەلبنى تەقدىم قىلىمەن؛ شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن؛
چۈنكى ئۇلار پۈتۈن قەلبى بىلەن يېنىمغا قايتىدۇ. [8] لېكىن ناچار
ئەنجۈرلەر، يەنى يېگىلى بولمايدىغان، ئىنتايىن ناچار ئەنجۈرلەر قانداق
بولغان بولسا، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ بەرھەق، مەن يەھۇدا پادىشاھى
زەدەكىيانى، ئەمىر-شاھزادىلىرىنى ۋە يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ
قالغان قىسمىنى، بۇ زېمىندا قالغانلارنى ۋە مىسىردا تۇرۇۋاتقانلارنى
شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىمەن؛ [9] مەن ئۇلارنى يەر يۈزىدىكى بارلىق
پادىشاھلىقلارغا ۋەھىمە سالغۇچى بىر ئوبيېكت بولۇشقا، كۆلپەتكە
چۈشۈشكە تاپشۇرىمەن؛ مەن ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەن بارلىق جايلاردا
ئۇلارنى رەسۋاچىلىقنىڭ ئوبيېكتى، سۆز-چۆچەك، تاپا-تەنىنىڭ
ئوبيېكتى ۋە لەنەت سۆزلىرى بولۇشقا تاپشۇرىمەن. [10] مەن ئۇلارغا
ھەم ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقدىم قىلغان زېمىندىن يوقىتىلغۇچە ئۇلار
ئارىسىغا قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابانى ئەۋەتىمەن.

---

**7:24** قان. 6:30؛ يەر. 22:30؛ 33:31؛ 38،39:32؛ ئەز. 11:19؛ 26،27:36

**8:24** يەر. 17:29

9:24 **«مەن ئۇلارنى يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارغا ۋەھىمە سالغۇچى بىر ئوبيېكت بولۇشقا، كۆلپەتكە چۈشۈشكە تاپشۇرىمەن...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەن ئۇلارنى ھەرياق-ھەرياقلارغا يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارغا ھەيدىلىشكە، بالايىئاپەت چۈشۈشكە تاپشۇرىمەن....»

**9:24** قان. 25،37:28؛ 1پاد. 7:9؛ 2تار. 20:7؛ يەر. 4:15؛ 18:29؛ 17:34؛ 18:42

## سۆز-كالامنى ئاڭلماسلىق تۈپەيلىدىن
## يەتمىش يىللىق قۇللۇقتا بولۇش

25 [1] يوسىيانىڭ ئوغلى، يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىمنىڭ
تۆتىنچى يىلىدا (يەنى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ
بىرىنچى يىلىدا) يەھۇدانىڭ بارلىق خەلقى توغرۇلۇق يەرەمىياغا
كەلگەن سۆز، ــ
[2] بۇ سۆزنى يەرەمىيا پەيغەمبەر يەھۇدانىڭ بارلىق خەلقى ۋە يېرۇسالېمدا
بارلىق تۇرۇۋاتقانلارغا ئېيتىپ مۇنداق دېدى: ــ
[3] ئامموننىڭ ئوغلى، يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئون ئۈچىنچى يىلىدىن
باشلاپ بۈگۈنكى كۈنگىچە، بۇ يىگىرمە ئۈچ يىل پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى ماڭا كېلىپ تۇرغان ۋە مەن تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنى
سىلەرگە سۆزلەپ كەلدىم، لېكىن سىلەر ھېچ قۇلاق سالمىدىڭلار؛ [4] ۋە
پەرۋەردىگار سىلەرگە بارلىق خىزمەتكارلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنى
ئەۋەتىپ كەلگەن؛ ئۇ تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى ئەۋەتىپ
كەلگەن؛ لېكىن سىلەر قۇلاق سالماي ھېچ ئاڭلىمىدىڭلار. [5] ئۇلار:
«سىلەر ھەربىرىڭلار يامان يولۇڭلاردىن ۋە قىلمىشلىرىڭلارنىڭ
رەزىللىكىدىن توۋا قىلىپ يانساڭلار، مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە ۋە
ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قەدىمدىن تارتىپ مەڭگۈگىچە تەقدىم قىلغان
زېمىندا تۇرۇۋېرىسىلەر. [6] باشقا ئىلاھلارغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ
قۇللۇقىدا بولۇپ چوقۇنماڭلار؛ مېنى قولliرىڭلار ياسىغانلار بىلەن
غەزەپلەندۈرمەڭلار؛ مەن سىلەرگە ھېچ يامانلىق كەلتۈرمەيمەن»
ــ دەپ جاكارلىغان. [7] لېكىن سىلەر ماڭا قۇلاق سالمىدىڭلار، مېنى
قوللىرىڭلار ياسىغانلار بىلەن غەزەپلەندۈرۈپ ئۆزۈڭلارغا زىيان
كەلتۈردۈڭلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

---

**4:25** يەر. 7:13،25؛ 11:7،8،10؛ 13:10،11؛ 16:12؛ 17:23؛ 18:12؛ 19:15؛ 22:21

**5:25** 2پاد. 17:13؛ يەر. 18:11؛ 35:15؛ يۇن. 3:8

6:25 **«قوللىرىڭلار ياسىغانلار...»** ــ مۇشۇ سۆزلەر ياكى ياسىغان بۇتلارنى ياكى يامان قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[8]شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ «سىلەر مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىغان
بولغاچقا، [9]مانا، مەن شىمالدىكى ھەممە جەمەتلەرنى ۋە مېنىڭ
قۇلۇمنى، يەنى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنى چاقىرتىمەن،
ئۇلارنى بۇ زېمىنغا، ئۇنىڭدا بارلىق تۇرۇۋاتقانلارغا ھەمدە
ئەتراپتىكى ھەممە ئەللەرگە قارشىلىششقا ئېلىپ كېلىمەن؛
مەن مۇشۇ زېمىندىكىلەر ۋە ئەتراپتىكى ئەللەرنى پۈتۈنلەي
ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى تولىمۇ ۋەھىمىلىك قىلىمەن ھەم ئۈش-ئۈش
ئوبيېكتى، دائىملىق بىر خارابىلىك قىلىمەن؛ [10]مەن ئۇلاردىن
تاماشىنىڭ ساداسىنى، شاد-خۇراملىق ساداسىنى، تويى بولۇۋاتقان
يىگىت-قىزنىڭ ئاۋازىنى، تۈگمەن تېشىنىڭ ساداسىنى ۋە چىراغ
نۇرىنى مەھرۇم قىلىمەن؛ [11]بۇ پۈتكۈل زېمىن ۋەيرانە ۋە دەھشەت
سالغۇچى ئوبيېكت بولىدۇ، ۋە بۇ ئەللەر بابىل پادىشاھىنىڭ
يەتمىش يىل قۇللۇقىدا بولىدۇ.

[12]ۋە شۇنداق بولىدۇكى، يەتمىش يىل توشقاندا، مەن بابىل
پادىشاھىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئېلىنىڭ بېشىغا، شۇنداقلا كالدىيلەرنىڭ
زېمىنى ئۈستىگە ئۆز قەبىھلىكىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى مەڭگۈگە
خارابىلىك قىلىمەن. [13]شۇنىڭ بىلەن مەن شۇ زېمىن ئۈستىگە
مەن ئۇنى ئەيىبلىگەن بارلىق سۆزلىرىمنى، جۈملىدىن بۇ كىتابتا
يېزىلغانلارنى، يەنى يەرەمىيانىڭ بارلىق ئەللەرنى ئەيىبلىگەن
بېشارەتلىرىنى چۈشۈرىمەن. [14]چۈنكى كۆپ ئەللەر ھەم ئۇلۇغ
پادىشاھلار بۇ پادىشاھ ھەم قوۋملىرىنىمۇ قۇل قىلىدۇ؛ مەن

---

**9:25** يەر. 8:19

**10:25** يەش. 7:24؛ يەر. 34:7؛ 9:16؛ ئەز. 13:26

**11:25** **«بۇ ئەللەر...»** ــ يەھۇدا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ (9-ئايەتنى كۆرۈڭ). «بابىل پادىشاھىنىڭ يەتمىش يىل قۇللۇقىدا بولۇش» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**12:25** 2تار. 22:36؛ ئەزرا 1:1؛ يەر. 10:29؛ دان. 2:9

ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە قوللىرى ياسىغانلىرى بويىچە ئۇلارنى جازالايمەن.

## ھەم يەھۇدا ھەم ئەللەرنىڭ خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشى تۇغرۇلۇق بىر ئالامەت كۆرۈنۈش

[15] چۈنكى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار ماڭا ئالامەت كۆرۈنۈشتە
مۇنداق دېدى: ــ مېنىڭ قولۇمدىكى غەزىپىمگە تولغان قەدەھنى
ئېلىپ، مەن سېنى ئەۋەتكەن بارلىق ئەللەرگە ئىچكۈزگىن؛ [16] ئۇلار
ئىچىدۇ، ئۇيان-بۇيان ئىرغاڭلايدۇ ۋە مەن ئۇلار ئارىسىغا ئەۋەتكەن
قىلىچ تۈپەيلىدىن ساراڭ بولىدۇ.
[17] شۇڭا مەن بۇ قەدەھنى پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىن ئالدىم ۋە
پەرۋەردىگار مېنى ئەۋەتكەن بارلىق ئەللەرگە ئىچكۈزدۈم، [18] ــ يەنى
يېرۇسالېمغا، يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىگە، ئۇنىڭ پادىشاھلىرىغا
ۋە ئەمىر-شاھزادىلىرىگە، يەنى ئۇلارنى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك
بىر خارابە، ۋەھىمە، ئۈش-ئۈش ئوبيېكتى بولۇشقا ھەم لەنەت
سۆزلىرى بولۇشقا قەدەھنى ئىچكۈزدۈم؛ [19] مىسىر پادىشاھى
پىرەۋنگە، خىزمەتكارلىرىغا، ئەمىر-شاھزادىلىرىغا ھەم خەلقىگە
ئىچكۈزدۈم؛ [20] بارلىق شالغۇت ئەللەر، ئۆز زېمىنىدىكى بارلىق

14:25 **«بۇ پادىشاھ ھەم قوۋملىرىنىمۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلارنىمۇ» دېيىلىدۇ. بىزنىڭچە بۇ «بابىل پادىشاھى ھەم قوۋملىرى»نى كۆرسىتىدۇ.

**14:25** يەر. 7:27

15:25 **«مېنىڭ قولۇمدىكى غەزىپىمگە تولغان قەدەھنى ئېلىپ، مەن سېنى ئەۋەتكەن بارلىق ئەللەرگە ئىچكۈزگىن»** ــ بۇ سۆزلەرنى خۇدا يەرەمىياغا ئالامەت كۆرۈنۈشتە ئېيتقان، دەپ قارايمىز.

**15:25** يەر. 12:13

18:25 **«بۈگۈنكى كۈندىكىدەك»** ــ بۇ ئىبارە بەلكىم بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن قوشۇلغان؛ بولمىسا، باشقا بىر مەنە: «بۈگۈنكى كۈنىدىمۇ بۇ ئىشلار بولغىلى تۇردى» بولۇشى مۇمكىن.

**19:25** يەر. 46

**پادىشاھلار، فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىدىكى بارلىق پادىشاھلار،
ئاشكېلوندىكىلەر، گازادىكىلەر، ئەكروندىكىلەرگە ۋە ئاشدودنىڭ
قالدۇقلىرىغا ئىچكۈزدۇم؛ 21 ئېدومدىكىلەر، موئابدىكىلەر ۋە ئا
مونىيلار، 22 تۇرنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى ھەم زىدوننىڭ بارلىق
پادىشاھلىرى، دېڭىز بويىدىكى بارلىق پادىشاھلار، 23 دېداندىكىلەر،
تېمادىكىلەر، بۇزدىكىلەر ۋە چېكە چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئەل
لەر، 24 ئەرەبىيەدىكى بارلىق پادىشاھلار ۋە چۆل-باياۋاندا تۇرۇۋاتقان
شالغۇت ئەللەرنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى، 25 زىمرىدىكى بارلىق
پادىشاھلار، ئېلامدىكى بارلىق پادىشاھلار، مېدىئالىقلارنىڭ بارلىق
پادىشاھلىرى، 26 شىمالدىكى بارلىق پادىشاھلارغا، يىراقتىكى
بولسۇن، يېقىندىكى بولسۇن، بىر-بىرلەپ ئىچكۈزدۇم؛ جاھاندىكى
بارلىق پادىشاھلىقلارغا ئىچكۈزدۇم؛ ئۇلارنىڭ ئارقىدىن شېشاقنىڭ
پادىشاھىمۇ** قەدەھنى **ئىچىدۇ. 27 ئاندىن سەن ئۇلارغا: «ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق**

---

**20:25 «بارلىق شالغۇت ئەللەر»** ــ بەلكىم مىسىردا تۇرغان، مىسىرلىقلار بىلەن «ئارىلىشىپ كەتكەن» باشقا مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**20:25** يەر. 47:4-7

**21:25** يەر. 48؛ 49:1-22

**22:25 «دېڭىز بويىدىكى بارلىق پادىشاھلار»** ــ بەلكىم تۇر ۋە زىدون بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۇلارغا بېقىنغان «ئوتتۇرا دېڭىز» بويىدىكى پادىشاھلارنى كۆرسىتىدۇ.

**22:25** يەر. 47:4

**23:25** يەر. 9:25؛ 49:8

**24:25** يەر. 49:31

**25:25** يەر. 49:34

**26:25 «شېشاقنىڭ پادىشاھى»** ــ بابىلنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبرانىي تىلى ئېلىپبەسىدە «بابىل» (بابىلون) دېگەن سۆز، «شېشاق» دېگەن سۆزنىڭ «تەتۈر»سى؛ يەنى، ئىبرانىي تىلدا 2-ھەرپ «ب»نى ھەرپلەرنى ئاخىرىدىن سانىغاندا، 2-ھەرپ («ش») بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. بارلىق باشقا ھەرپلەرنى «تەتۈر»سى بىلەن ئوخشاش يولدا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.
—نېمىشقا بابىل (بابىلون)نى كۆرسىتىش ئۈچۈن مۇشۇ «شىفىرلىق» يول ئىشلىتىلىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، شۇ كۈنلەردە شۇ دەۋردىكى ئەڭ كۈچلۈك مەملىكەتنىڭ «زاۋاللىغا يۈزلىنىشى»نى كۆرسىتىش ئۈچۈن بەزىدە مۇشۇنداق «دارىتما گەپ»نى ئىشلىتىش قولايلىق ئىدى.

دەيدۇ: ــ ئىچىڭلار، مەست بولۇڭلار، قۇسۇڭلار، مەن ئاراڭلارغا ئەۋەتكەن
قىلىچ تۈپەيلىدىن يىقىلىپ قايتىدىن دەس تۇرماڭلار» ــ دېگىن.
28 ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار قولۇڭدىن ئېلىپ ئىچىشنى رەت قىلسا،
سەن ئۇلارغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەر چوقۇم ئىچىسىلەر!» ــ دېگىن. 29 چۈنكى مانا،
مەن ئۆز نامىم بىلەن ئاتالغان شەھەر ئۈستىگە ئاپەت چۈشۈرگىلى
تۇرغان يەردە، سىلەر جازالانماي قالامسىلەر؟ سىلەر جازالانماي
قالمايسىلەر؛ چۈنكى مەن يەر يۈزىدە بارلىق تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئۈستىگە
قىلىچنى چۈشۈشكە چاقىرىمەن، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
30 ئەمدى سەن يەرەمىيا، ئۇلارغا مۇشۇ بېشارەتنىڭ سۆزلىرىنىڭ
ھەممىسىنى جاكارلىغىن: ــ
پەرۋەردىگار يۇقىرىدىن شىردەك ھۆركىرەيدۇ،
ئۆز مۇقەددەس تۇرالغۇسىدىن ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىدۇ؛
ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايى ئۈستىگە ھۆركىرەيدۇ؛
ئۇ ئۈزۈم چەيلىگۈچىلەر توۋلىغاندەك يەر يۈزىدە بارلىق تۇرۇۋاتقانلارنى
ئەيىبلەپ توۋلايدۇ.
31 ساداسى يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە يېتىدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەللەر بىلەن دەۋاسى بار؛
ئۇ ئەت ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛
رەزىللەرنى بولسا، ئۇلارنى قىلىچقا تاپشۇرىدۇ؛
پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ.
32 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
مانا، بالايىئاپەت ئەلدىن ئەلگە ھەممىسى ئۈستىگە چىقىپ
تارقىلىدۇ؛
يەر يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىدىن دەھشەتلىك بوران-چاپقۇن چىقىدۇ.

---

**29:25** 1پېت. 17:4

**30:25** يو. 16:3؛ ئام. 2:1

**[33] پەرۋەردىگار ئۆلتۈرگەنلەر يەرنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە**
**ياتىدۇ؛ ئۇلارغا ماتەم تۇتۇلمايدۇ، ئۇلار بىر يەرگە يىغىلمايدۇ، ھېچ**
**كۆمۈلمەيدۇ؛ ئۇلار يەر يۈزىدە تېزەكتەك ياتىدۇ.**
**[34] ئى باققۇچىلار، زارلاڭلار، نالە كۆتۈرۈڭلار!**
**توپا-چاڭ ئىچىدە ئېغىنىڭلار، ئى پادا يېتەكچىلىرى!**
**چۈنكى قىرغىن قىلىنىش كۈنلىرىڭلار يېتىپ كەلدى،**
**مەن سىلەرنى تارقىتىۋېتىمەن؛**
**سىلەر ئۆرۈلگەن ئېسىل چىنىدەك پارچە-پارچە چېقىلىسىلەر.**
**[35] پادا باققۇچىلىرىنىڭ باشپاناھى،**
**پادا يېتەكچىلىرىنىڭ قاچار يولى يوقاپ كېتىدۇ.**
**[36] باققۇچىلارنىڭ ئازابلىق پەريادى،**
**پادا يېتەكچىلىرىنىڭ زارلاشلىرى ئاڭلىنىدۇ؛**
**چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ يايلاقلىرىنى ۋەيران قىلاي دەۋاتىدۇ؛**
**[37] پەرۋەردىگارنىڭ دەھشەتلىك غەزىپى تۈپەيلىدىن،**
**تىنچلىق قوتانلىرى خارابە بولىدۇ.**
**[38] پەرۋەردىگار ئۆز ئۇۋىسىنى تاشلاپ چىققان شىردەكتۇر؛**
**ئەزگۈچىنىڭ ۋەھشىيلىكى تۈپەيلىدىن،**
**ۋە پەرۋەردىگارنىڭ دەھشەتلىك غەزىپى تۈپەيلىدىن،**
**ئۇلارنىڭ زېمىنى ۋەيرانە بولماي قالمايدۇ.**

---

25:33 **«پەرۋەردىگار ئۆلتۈرگەنلەر يەرنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە ياتىدۇ...»** — دېمەسەكمۇ، بۇ بېشارەت بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ پارس ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىشىدىن ئاخىرقى زامانغا ئاتلاپ، شۇ كۈنلەردىكى ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ.

25:33 يەر. 4:16

25:34 **«ئى باققۇچىلار،... ئى پادا يېتەكچىلىرى!...»** — دېمەسەكمۇ، «باققۇچىلار» ۋە «پادا يېتەكچىلىرى» مۇشۇ ئايەتتە ئەللەرنىڭ ھەرخىل يېتەكچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

25:34 يەش. 65:12؛ يەر. 4:8؛ 6:26؛ 9:16؛ 12:3؛ 13:24،14؛ 18:17

25:38 **«ئەزگۈچىنىڭ ۋەھشىيلىكى»** — ياكى «ئەزگۈچىنىڭ قىلىچى».

## يەرەمىيا «ساختا پەيغەمبەر» دەپ شىكايەت قىلىنىدۇ

26 1 يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئوغلى يەھوئاكىم تەختكە
ئولتۇرغان مەزگىلىنىڭ بېشىدا شۇ سۆز پەرۋەردىگاردىن كېلىپ
مۇنداق دېيىلدى: ــ
2 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ
ھويلىسىدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە
كىرگەن يەھۇدانىڭ بارلىق شەھەرلىرىدىكىلەرگە مەن ساڭا بۇيرۇغان
ھەربىر سۆزلەرنى جاكارلىغىن؛ ئەينەن ئېيتقىن! 3 ئۇلار بەلكىم
ئاڭلاپ قويار، ھەربىرى ئۆز رەزىل يولىدىن يانار؛ شۇنداق قىلسا،
مەن قىلمىشلىرىنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن بېشىغا كۆلپەت
چۈشۈرمەكچى بولغان نىيىتىمدىن يانىمەن. 4 سەن ئۇلارغا مۇنداق
دېگىن: ــ «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ماڭا قۇلاق سالماي، مەن
سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قويغان تەۋرات-قانۇنۇمدا ماڭمىساڭلار، 5 مەن
تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەۋەتكەن خىزمەتكارلىرىم بولغان
پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىساڭلار (سىلەر ئۇلارغا ھېچ
قۇلاق سالماي كەلگەنسىلەر!)، 6 ئۇنداقتا، مەن شىلوھنى قانداق
قىلغان بولسام، ئەمدى بۇ ئۆيىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىمەن، بۇ

---

2:26 **«سەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا تۇرۇپ ... يەھۇدانىڭ بارلىق شەھەرلىرىدىكىلەرگە مەن ساڭا بۇيرۇغان ھەربىر سۆزلەرنى جاكارلىغىن؛ ئەينەن ئېيتقىن! »** ــ 26-بابتىكى خاتىرىلەر ۋە بېشارەت بەلكىم 7-بابتىمۇ خاتىرىلەنگەن، ئىبادەتخانا ئىچىدە بولغان ۋەقەنىڭ تەكرارلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. 3-6-ئايەتلەر يەرەمىيانىڭ شۇ چاغدا ئىبادەتخانىدا بەرگەن بېشارىتىنىڭ يەكۈنى. مۇشۇ يەردىكى تەكرارلىنىشنىڭ مەقسىتى بولسا، خەلقنىڭ بېشارەتكە بولغان ئىنكاسىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر.

**3:26** يەر. 8:18

**5:26** يەر. 7:25،13؛ 7:11؛ 3:25

شەھەرنى يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەرگە لەنەت سۆزى قىلىمەن».
7 شۇنىڭ بىلەن كاھىنلار، پەيغەمبەرلەر ۋە بارلىق خەلق يەرەمىيانىڭ
بۇ سۆزلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە جاكارلىغانلىقىنى ئاڭلىدى.
8 شۇنداق بولدىكى، يەرەمىيا بارلىق خەلققە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا
تاپىلىغان بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن،
كاھىنلار ۋە پەيغەمبەرلەر ۋە بارلىق خەلق ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: «سەن
چوقۇم ئۆلۈشۈڭ كېرەك! 9 سەن نېمىشقا پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا
بېشارەت بېرىپ: «بۇ ئۆي شىلوھدەك بولىدۇ، بۇ شەھەر خارابە،
ئادەمزاتسىز بولىدۇ!» ــ دېدىڭ؟» ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق خەلق يەرەمىياغا
دوق قىلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى. 10 يەھۇدا ئەمىرلىرى بۇ ئىشلارنى
ئاڭلىدى؛ ئۇلار پادىشاھلىق ئوردىسىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىگە كىردى، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى «يېڭى دەرۋازا»دا سوتقا
ئولتۇردى. 11 كاھىنلار ۋە پەيغەمبەرلەر ئەمىرلەرگە ۋە خەلققە سۆزلەپ:
«بۇ ئادەم ئۆلۈمگە لايىق، چۈنكى سىلەر ئۆز قۇلاقلىرىڭلار بىلەن
ئاڭلىغاندەك ئۇ مۇشۇ شەھەرنى ئەيىبلەپ بېشارەت بەردى» ــ دېدى.
12 ئاندىن يەرەمىيا بارلىق ئەمىرلەرگە ۋە بارلىق خەلققە سۆزلەپ مۇنداق
دېدى: ــ «پەرۋەردىگار مېنى بۇ ئۆيىنى ئەيىبلەپ، بۇ شەھەرنى ئەيىبلەپ،
سىلەر ئاڭلىغان بۇ بارلىق سۆزلەر بىلەن بېشارەت بېرىشكە ئەۋەتكەن.
13 ھازىر يوللىرىڭلارنى ۋە قىلمىشىڭلارنى تۈزىتىڭلار، پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاڭلار! شۇنداق بولغاندا، پەرۋەردىگار
سىلەرگە جاكارلىغان كۈلپەتتىن يانىدۇ. 14 لېكىن مەن بولسام،

---

6:26 **«مەن شىلوھنى قانداق قىلغان بولسام، ئەمدى بۇ ئۆيىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىمەن»** ــ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرى ئەسلى «شىلوھ» دېگەن شەھەردە تىكىلگەن. ئىسرائىلنىڭ خۇداغا بولغان ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇ ۋەيران قىلىنىپ، خۇدانىڭ «ئەھدە ساندۇقى» دۈشمەن تەرىپىدىن ئۇ يەردىن بۇلاپ كېتىلىشى بىلەن شىلوھ «خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۇنىڭدىن يوقاپ كەتكەن جاي» دەپ ئاتالغان («1سام.» 4-بابنى كۆرۈڭ).

**6:26** 1سام. 12:4؛ زەب. 60:78؛ يەر. 12،14:7

**13:26** يەر. 3:7

**مانا، قوللىرىڭلاردىمەن؛ ماڭا كۆزۈڭلەرگە نېمە ياخشى ۋە دۇرۇس
كۆرۈلسە شۇنداق قىلىڭلار؛ [15] پەقەت شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، مېنى
ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلەر گۇناھسىز قاننىڭ جازاسىنى ئۆز بېشىڭلارغا، بۇ
شەھەرگە ۋە ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرىسىلەر؛ چۈنكى
دېگىنىم ھەق، پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى
قۇلاقلىرىڭلارغا دېيىشكە مېنى ئەۋەتكەن».
[16] ئەمىرلەر ۋە بارلىق خەلق كاھىنلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە: «بۇ ئادەم
ئۆلۈمگە لايىق ئەمەس؛ چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ نامىدا
بىزگە سۆزلىدى» ــ دېدى. [17] ئاندىن زېمىندىكى بەزى ئاقساقاللار
ئورنىدىن تۇرۇپ خەلق كېڭىشىگە مۇنداق دېدى: ــ
[18] «مورەشەتلىك مىكاھ يەھۇدا پادىشاھى ھەزەكىيانىڭ كۈنلىرىدە
بارلىق يەھۇدا خەلقىگە بېشارەت بېرىپ: ــ
«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
زىئون تېغى ئېتىزدەك ئاغدۇرۇلىدۇ،
يېرۇسالېم دۆۋە-تۆپىلەر بولۇپ قالىدۇ،
«ئۆي جايلاشقان تاغ» بولسا،
ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى جايلارلا بولىدۇ، خالاس» ــ
دېگەنىدى.**

---

**18:26 «مورەشەتلىك مىكاھ»** ــ مىكاھ پەيغەمبەرنىڭ يۇرتى «مورەشەت» ئىدى («مىك.» 1:1).
**««ئۆي جايلاشقان تاغ» بولسا، ..»** ــ مىكاھ «مۇقەددەس ئۆي» ياكى «ئىبادەتخانا» دېمەيدۇ ــ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇ پەقەت ئاددىي بىر «ئۆي» بولۇپ قالغان.
—بۇ بېشارەت ھەزەكىيا پادىشاھنى بەلكىم چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن. 100 يىلدىن كېيىن بۇ ئاقساقاللار بېشارەتنىڭ ھەزەكىياغا بولغان تەسىرىنى تىلغا ئېلىپ، پادىشاھى يەھوئاكىمغا تەسىر يەتكۈزمەكچى بولۇپ، بېشارەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. **««ئۆي جايلاشقان تاغ» بولسا، ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى جايلارلا بولىدۇ»** ــ «مىك.» 12:3. «يۇقىرى جايلار» دېگىنى كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپتۇر. چۈنكى يەھۇدادىكىلەر ھەردائىم «يۇقىرى جايلار»دا بۇتخانىلارنى سېلىپ شۇ يەرلەردە بۇتلارغا چوقۇنغان. لېكىن شۇ چاغلاردا يېرۇسالېم بۇتقا چوقۇنغان جايدەك «ھارام» بولۇپ قالىدۇ، ھەمدە ئورمانلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاز-پاز چېلىقىدىغان بىر قىسمىدىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس!
**18:26** مىك. 1:1؛ 12:3

19 يەھۇدا پادىشاھى ھەزەكىيا ۋە بارلىق يەھۇدا خەلقى مىكاھنى
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغانمۇ؟ ھەزەكىيا پەرۋەردىگاردىن قورقۇپ،
پەرۋەردىگاردىن ئۆتۈنگەن ئەمەسمۇ؟ ۋە پەرۋەردىگار ئۇلارغا قىلماقچى
بولۇپ جاكارلىغان كۈلپەتتىن يانغان ئەمەسمۇ؟ بىز بۇ يولدىن
يانمىساق ئۆز جېنىمىز ئۈستىگە زور بىر كۈلپەتنى چۈشۈرگەن
بولمامدىمىز؟».
20 (پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا يەرەمىيانىڭ بارلىق دېگەنلىرىدەك بۇ
شەھەرنى ۋە بۇ زېمىننى ئەيىبلەپ بېشارەت بەرگەن، كىرىئات-
يېئارىملىق شەمايانىڭ ئوغلى ئۇرىيا ئىسىملىك يەنە بىر ئادەم بار
ئىدى. 21 پادىشاھ يەھوئاكىم ۋە بارلىق پالۋانلىرى، بارلىق ئەمىرلىرى
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئىنتىلگەن؛
لېكىن ئۇرىيا بۇنى ئاڭلىغاندا قورقۇپ، مىسىرغا قاچتى. 22 لېكىن
يەھوئاكىم چاپارمەنلەرنى، يەنى ئاكبورنىڭ ئوغلى ئەلناتان ۋە
باشقىلارنى مىسىرغا ئەۋەتكەن؛ 23 ئۇلار ئۇرىيانى مىسىردىن ئېلىپ
چىقىپ پادىشاھ يەھوئاكىمنىڭ ئالدىغا ئاپارغان؛ ئۇ ئۇنى قىلىچلاپ،
جەسىتىنى پۇقرالارنىڭ گۆرلۈكىگە تاشلىۋەتكەن). 24 — ھالبۇكى،
شۇ چاغدا شافاننىڭ ئوغلى ئاھىكام ئۇلارنىڭ يەرەمىيانى ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلىپ خەلقنىڭ قولىغا تاپشۇرماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى
قوللىدى.

---

23:26 **«ئۇلار ئۇرىيانى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ پادىشاھ يەھوئاكىمنىڭ ئالدىغا ئاپارغان؛ ئۇ ئۇنى قىلىچلاپ، جەسىتىنى پۇقرالارنىڭ گۆرلۈكىگە تاشلىۋەتكەن»** — بۇ ۋەقە بەلكىم يەرەمىيانىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن يۈز بەرگەن. لېكىن ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرىنى مۇشۇ يەردە (20-23-ئايەتتىكى تىرناق ئىچىگە) كىرگۈزۈشتىكى مەقسەت، يەرەمىيا ئۇچرىغان خەۋپ-خەتەرنى كۆرۈنەرلىك قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

## يەرەمىيا خەلقنى بابىلغا تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ

27 [1] يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئوغلى زەدەكىيانىڭ تەختكە
ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىلىدە، شۇ سۆز يەرەمىياغا
پەرۋەردىگاردىن كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ
[2] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ ئاسارەتلەر ۋە بويۇنتۇرۇقلارنى
ياساپ ئۆز بوينۇڭغا سال؛ [3] بۇ بويۇنتۇرۇقلارنى ئېدومنىڭ
پادىشاھىغا، موئابنىڭ پادىشاھىغا، ئاممونىيلارنىڭ پادىشاھىغا،
تۇرنىڭ پادىشاھىغا ۋە زىدوننىڭ پادىشاھىغا يېرۇسالېمغا، يەھۇدا
پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئۆلارنىڭ ئۆز ئەلچىلىرىنىڭ قولى
ئارقىلىق ئەۋەتكىن؛ [4] ھەربىرىنى ئۆز خوجايىنلىرىغا شۇنداق بىر
خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغىن: ــ
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۆز خوجايىنلىرىڭلارغا مۇنداق دەڭلار:
ــ [5] مەن زېمىن ۋە زېمىن يۈزىدە تۇرۇۋاتقان ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنى زور
قۇدرىتىم ۋە سوزۇلغان بىلىكىم بىلەن ياراتقانمەن؛ ۋە كىمگە كۆزۈمگە
لايىق كۆرۈنسە، بۇلارنى شۇلارغا تەقدىم قىلىمەن. [6] ھازىر مەن بۇ
زېمىنلەرنىڭ ھەممىسىنى بابىل پادىشاھى، مېنىڭ قۇلۇم بولغان
نېبوقادنەسارنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم؛ ھەتتا دالادىكى ھايۋانلارنىمۇ

---

**1:27 «يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئوغلى زەدەكىيا...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ ئايەتتە «زەدەكىيا»نىڭ ئورنىدا «يەھوئاكىم» دېيىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، «زەدەكىيا» توغرىدۇر (3-ئايەتنى كۆرۈڭ). بۇ بابتىكى ۋەقەلەر بەلكىم زەدەكىيانىڭ تۆتىنچى يىلىدا يۈز بەرگەن.

**2:27** يەر. 10:28

**3:27 «بۇ بويۇنتۇرۇقلارنى ئېدوم...، موئاب..، ئاممونىيلار..، تۇرنىڭ پادىشاھىغا ۋە زىدوننىڭ پادىشاھىغا يېرۇسالېمغا، يەھۇدا پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئۆلارنىڭ ئۆز ئەلچىلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئەۋەتكىن»** ــ تارىختىن ئىسپات باركى، بۇ ئەلچىلەرنىڭ يېرۇسالېمغا كېلىشتىكى مەقسىتى زەدەكىيانى ئېدوم، موئاب، ئاممون، تۇر ۋە زىدون پادىشاھلىرىنىڭ بابىل ئىمپېرىيەسىگە كۆتۈرمەكچى بولغان ئىسيانغا ئىتتىپاقداش قىلىشتىن ئىبارەت.

**5:27** دان. 14:22:4

ئۇنىڭ قولىدا بولۇشقا تەقدىم قىلدىم.
[7] بارلىق ئەللەر ئۇنىڭ، ئوغلىنىڭ ھەم نەۋرىسىنىڭ قولىدا بولىدۇ؛
ئاندىن ئۆز زېمىنىنىڭ ۋاقتى-سائىتى توشقاندا، كۆپ ئەللەر ۋە ئۇلۇغ
پادىشاھلار ئۇنىمۇ قولىقا سالىدۇ. [8] شۇنداق بولىدۇكى، قايسى ئەل
ياكى پادىشاھلىق بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ قولىدا
بولۇشنى، يەنى بوينىنى بابىل پادىشاھىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا
قويۇشنى رەت قىلسا، مەن شۇ ئەلنى نېبوقادنەسارنىڭ قولى ئارقىلىق
يوقاتقۇزغۇچە قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا بىلەن جازالايمەن، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار. [9] ــ سىلەر بولساڭلار، «بابىل پادىشاھىنىڭ قولىدا ھېچ
بولمايسىلەر» دېگەن پەيغەمبەرلىرىڭلارغا، پالچىلىرىڭلارغا، چۈش
كۆرگۈچىلىرىڭلارغا، رەم ئاچقۇچىلىرىڭلارغا ياكى جادۇگەرلىرىڭلارغا
قۇلاق سالماڭلار؛ [10] چۈنكى ئۇلار سىلەرگە يالغانچىلىق قىلىپ بېشارەت
بېرىدۇ؛ گەپلىرىگە كىرسەڭلار، سىلەرنى ئۆز يۇرتۇڭلاردىن سۈرگۈن
قىلىدۇ؛ چۈنكى ئۆزۈم سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەيمەن، سىلەر
نابۇت بولىسىلەر. [11] لېكىن قايسى ئەل بوينىنى بابىل پادىشاھىنىڭ
بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا قويۇپ قولىۇقىغا كىرسە، شۇ ئەلنى ئۆز يۇرتىدا
تۇرغۇزىمەن، ئۇلار ئۇنىڭدا تېرىقچىلىق قىلىپ ياشايدۇ.
[12] ــ مەن يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىياغىمۇ شۇ سۆزلەر بويىچە مۇنداق
دېدىم: «بوينۇڭلارنى بابىل پادىشاھىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا
قويۇپ ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ قولىدا بولساڭلار، ھايات
قالىسىلەر. [13] ئەمدى نېمىشقا پەرۋەردىگارنىڭ بابىل پادىشاھىنىڭ
قولىۇقىغا بويسۇنمىغان ھەرقايسى ئەللەر توغرىسىدا دېگىنىدەك،
سەن ۋە خەلقىڭ قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا بىلەن ئۆلمەكچى
بولىسىلەر؟ [14] پەيغەمبەرلەرنىڭ: «بابىلنىڭ قولىدا بولمايسىلەر»
دېگەن سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار؛ چۈنكى ئۇلار سىلەرگە

---

**6:27** يەر. 9:25
9:27 **«چۈش كۆرگۈچىلىرىڭلار»** ــ ياكى «چۈش ئۆرۈگۈچىلىرىڭلار».

**يالغانچىلىقتىن بېشارەت قىلىدۇ. [15] مەن ئۇلارنى ئەۋەتكەن ئەمەس، ــ
دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ لېكىن ئۇلار مېنىڭ نامىمدا يالغاندىن بېشارەت
بېرىدۇ؛ بۇ سۆزلەرنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، مەن سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن
ھەيدىۋېتىمەن، شۇنىڭدەك نابۇت بولىسىلەر؛ سىلەر ۋە سىلەرگە
بېشارەت بەرگەن پەيغەمبەرلەر نابۇت بولىسىلەر».
[16] ئاندىن مەن كاھىنلارغا ۋە بۇ بارلىق خەلققە مۇنداق دېدىم:
ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەرگە بېشارەت بېرىدىغان
پەيغەمبەرلەرنىڭ: «مانا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى قىممەتلىك
قاچا-قۇچىلار پات ئارىدا بابىلدىن قايتۇرۇلىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە
قۇلاق سالماڭلار؛ چۈنكى ئۇلار سىلەرگە يالغانچىلىقتىن بېشارەت
قىلىدۇ. [17] ئۇلارغا قۇلاق سالماڭلار؛ بابىل پادىشاھىنىڭ قۇللۇقىدا
بولساڭلار، ھايات قالىسىلەر؛ بۇ شەھەر نېمىشقا ۋەيران بولسۇن؟
[18] ئەگەر بۇلار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەر بولسا ھەم پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى ئۇلاردا بولسا، ئۇلار ھازىر پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە، يەھۇدا
پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا ۋە يېرۇسالېمنىڭ ئۆزىدە قالغان قىممەتلىك
قاچا-قۇچىلار بابىلغا ئېلىپ كېتىلمىسۇن دەپ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا دۇئا-تىلاۋەت قىلسۇن!
[19] چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئىككى
مىس تۈۋرۈك، مىس «دېڭىز»، داس ھارۋىلىرى ۋە بۇ شەھەردە قالغان
قىممەتلىك قاچا-قۇچىلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ــ [20] (بۇلارنى
بولسا بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار يەھوئاكىمنىڭ ئوغلى يەھۇدا
پادىشاھى يەكونىياھنى يەھۇدادىكى ۋە يېرۇسالېمدىكى بارلىق**

---

**14:27** يەر. 14:14؛ 21:23؛ 8:29

**16:27** يەر. 3:28

**19:27 «مىس دېڭىز»** ــ ئىبادەتخانىدا كاھىنلار يۇيۇنىدىغان، مىستىن ياسالغان چوڭ بىر كۆلچەك داس.

—«داس ھارۋىلىرى» (ياكى «داس تەگلىكلىرى») «دېڭىز»دىن كىچىكرەك بولغان داسلارنى يۆتكەشكە ئىشلىتىدىغان چاقلىق تەگلىكتۇر. «1پاد.» 7-بابنى كۆرۈڭ.

ئىسلزاد-ئەمرلەر بىلەن تەڭ يېرۇسالېمدىن بابىلغا سۈرگۈن
قىلغاندا ئۇ ئېلىپ كەتمىگەنىدى) [21] بەرھەق، ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە، يەھۇدا پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا
ۋە يېرۇسالېمدا قالغان قىممەتلىك قاچا-قۇچىلار توغرۇلۇق ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ [22] ئۇلارمۇ
بابىلغا ئېلىپ كېتىلىدۇ؛ ئۇلار مەن ئۇلاردىن قايتىدىن خەۋەر
ئالىدىغان كۈنگىچە شۇ يەردە تۇرىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار: ــ شۇ ۋاقىت
كەلگەندە، مەن ئۇلارنى ئېلىپ بۇ يەرگە قايتۇرۇپ بېرىمەن.

## ساختا پەيغەمبەرنىڭ يەرەمىياغا قارشى چىقىشى

28 [1] شۇ يىلدا، يەھۇدا پادىشاھى زەكەرىيا تەختكە ئولتۇرغان
دەسلەپكى مەزگىلدە، يەنى تۆتىنچى يىلى، بەشىنچى ئايدا،
ئازرۇرنىڭ ئوغلى، گىبېئونلۇق شەھىرىدىكى هانانىيا پەيغەمبەر،
كاھىنلار ۋە بارلىق خالايىق ئالدىدا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە ماڭا: ــ
[2] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ «مەن بابىل پادىشاھىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى
سۇندۇرۋەتتىم! [3] بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار مۇشۇ يەردىن
ئېپكەتكەن، بابىلغا ئاپارغان، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى قاچا-
قۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى بولسا، ئىككى يىل ئۆتمەيلا مەن مۇشۇ يەرگە

---

**20:27** 2پاد. 14،15:24

**22:27** «مەن ئۇلاردىن قايتىدىن خەۋەر ئالىدىغان كۈنى» ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەن ئۇلارنى يوقلايدىغان كۈنى».

**22:27** 2پاد. 13:25؛ 2تار. 18،22:36؛ يەر. 10:29

**2:28** «مەن بابىل پادىشاھىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى سۇندۇرۇۋەتتىم!» ــ شۈبھىسىزكى، بۇ ساختا پەيغەمبەرنىڭ سۆزى يەرەمىيا 27-بابتا «نېبوقادنەسارنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى قوبۇل قىلىشىڭلار كېرەك» ۋە «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە قالغان قاچا-قۇچىلارمۇ ئېپكېتىلىدۇ» دېگەن بېشارەتنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت.

قايتۇرۇپ ئېپكېلىمەن؛ [4]ۋە مەن يەھۇدا پادىشاھى، يەھوئاكىمنىڭ
ئوغلى يەكونىياھنى يەھۇدادىن بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ
ھەممىسى بىلەن تەڭ مۇشۇ يەرگە قايتۇرۇپ بېرىمەن، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار، ــ چۈنكى مەن بابىل پادىشاھىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى
سۇندۇرۇۋېتىمەن!» ــ دېدى.
[5]ئاندىن يەرەمىيا پەيغەمبەر كاھىنلار ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە تۇرغان
بارلىق خالايىق ئالدىدا ھانانىيا پەيغەمبەرگە سۆز قىلدى. [6]يەرەمىيا
پەيغەمبەر مۇنداق دېدى: «ئامىن! پەرۋەردىگار شۇنداق قىلسۇن!
پەرۋەردىگار سېنىڭ بېشارەت بەرگەن سۆزلىرىڭنى ئەمەلگە
ئاشۇرسۇنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى قاچا-قۇچىلار ۋە يەھۇدادىن بابىلغا
سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يەرگە قايتۇرسۇن! [7]لېكىن
ئۆز قۇلىقىڭغا ۋە بارلىق خەلقنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ قويۇلىدىغان
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلا! [8]ــ مېنىڭ ۋە سېنىڭدىن بۇرۇن، قەدىمدىن
تارتىپ بولغان پەيغەمبەرلەرمۇ نۇرغۇن پادىشاھلىقلار ۋە ئۇلۇغ دۆلەتلەر
توغرۇلۇق، ئۇرۇش، ئاپەت ۋە ۋابالار توغرۇلۇق بېشارەت بېرىپ كەلگەن؛
[9]تىنچلىق-ئاۋاتلىق توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەن پەيغەمبەر بولسا، شۇ
پەيغەمبەرنىڭ سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن پەرۋەردىگار
ئەۋەتكەن پەيغەمبەر دەپ تونۇلغاندۇر!».
[10]ئاندىن ھانانىيا پەيغەمبەر يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ بوينىدىكى
بويۇنتۇرۇقنى ئېلىپ ئۇنى سۇندۇرۇۋەتتى. [11]ھانانىيا خەلق ئالدىدا
سۆز قىلىپ: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن شۇنىڭغا ئوخشاش،
ئىككى يىل ئۆتمەيلا بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى
بارلىق ئەللەرنىڭ بوينىدىن ئېلىپ سۇندۇرۇۋېتىمەن!» ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا پەيغەمبەر چىقىپ كەتتى.
[12]ھانانىيا پەيغەمبەر يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ بوينىدىكى بويۇنتۇرۇقنى
ئېلىپ ئۇنى سۇندۇرۇۋەتكەندىن بىرئاز كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى

---

**3:28** يەر. 16:27

10:28 **«يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ بوينىدىكى بويۇنتۇرۇق»** ــ 27:2نى كۆرۈڭ.

يەرەمىياغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
13 بارغىن، ھانانىياغا مۇنداق دېگىن: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ «سەن ياغاچتىن ياسالغان بويۇنتۇرۇقنى سۇندۇرغىنىڭ بىلەن،
لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا تۆمۈردىن بولغان بويۇنتۇرۇقنى سېلىپ
قويدۇڭ! 14 چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن شۇنىڭغا بۇ بارلىق
ئەللەرنىڭ بوينىغا تۆمۈردىن ياسالغان بويۇنتۇرۇقنى سالىمەنكى، ئۇلار
بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ قۇللۇقىدا بولىدۇ؛ بەرھەق، ئۇلار
ئۇنىڭ قۇللۇقىدا بولىدۇ؛ مەن ئۇنىڭغا ھەتتا دالادىكى ھايۋانلارنىمۇ
تەقدىم قىلغانمەن».
15 ئاندىن يەرەمىيا پەيغەمبەر ھانانىيا پەيغەمبەرگە: «قۇلاق سال،
ھانانىيا! پەرۋەردىگار سېنى ئەۋەتكەن ئەمەس! سەن بۇ خەلقنى
يالغانچىلىققا ئىشەندۈرگەنسەن! 16 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
مانا، مەن سېنى يەر يۈزىدىن ئەۋەتىۋېتىمەن! سەن دەل مۇشۇ يىلدا
ئۆلىسەن، چۈنكى سەن ئادەملەرنى پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىشقا
دەۋەت قىلغانسەن».
17 ھانانىيا پەيغەمبەر دەل شۇ يىلى يەتتىنچى ئايدا ئۆلدى.

## يەرەمىيا سۈرگۈن قىلىنغانلارغا يازغان خەت

29 1 يەرەمىيانىڭ يېرۇسالېمدىن سۈرگۈن بولغانلار ئارىسىدىكى
ھايات قالغان ئاقساقاللارغا، كاھىنلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە
نېبوقادنەسار ئەسىر قىلىپ بابىلغا ئېلىپ كەتكەن بارلىق خەلققە
يېرۇسالېمدىن يوللىغان خېتى: ــ

---

**14:28** يەر. 6:27

**16:28** «سېنى يەر يۈزىدىن ئەۋەتىۋېتىمەن» ــ خۇدا بۇ ساختا پەيغەمبەرنى ئەسلىدە «ئەۋەتكەن ئەمەس» لېكىن ھازىر ئۇ ئۇنى «ئۆلۈمگە ئەۋەتىدۇ!»!

**16:28** قان. 6:13؛ يەر. 32:29

²(خەت پادىشاھ يەكونىياھ، خانىش، ۋەزىرلەر، يەھۇدا ۋە
يېرۇسالېمدىكى شاھزادە-ئەمىرلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر يېرۇسالېمدىن
كەتكەندىن كېيىن، ³شافاننىڭ ئوغلى ئەلاساھنىڭ ۋە ھىلقىيانىڭ
ئوغلى گەمارىيانىڭ قولى بىلەن يوللانغان ــ يەھۇدا پادىشاھى
زەدەكىيا بۇ كىشىلەرنى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ
ئالدىغا يوللىغان). يوللىغان خەت مۇنداق: ــ
⁴ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى يېرۇسالېمدىن بابىلغا سۈرگۈنگە ئەۋەتكەنلەرنىڭ
ھەممىسىگە مۇنداق دەيدۇ: ــ
⁵ئۆيلەرنى قۇرۇڭلار، ئۇلاردا تۇرۇڭلار؛ باغلارنى بەرپا قىلىڭلار،
ئۇلارنىڭ مېۋىسىنى يەڭلار؛ ⁶ئۆيلىنىڭلار، ئوغۇل-قىزلىق بولۇڭلار؛
ئوغۇللىرىڭلار ئۈچۈن قىزلارنى ئېلىپ بېرىڭلار، قىزلىرىڭلارنى
ئەرلەرگە ياتلىق قىلىڭلار؛ ئۇلارمۇ ئوغۇل-قىزلىق بولسۇن؛
شۇ يەردە كۆپىيىڭلاركى، ئازىيىپ كەتمەڭلار؛ ⁷مەن سىلەرنى
سۈرگۈنگە ئەۋەتكەن شەھەرنىڭ تىنچ-ئاۋاتلىقىنى ئىزدەڭلار،
ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىڭلار؛ چۈنكى ئۇنىڭ تىنچ-
ئاۋاتلىقى بولسا، سىلەرمۇ تىنچ-ئاۋات بولىسىلەر.
⁸چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ ئاراڭلاردىكى پەيغەمبەرلەر
ۋە سىلەرنىڭ پالچىلىرىڭلار سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن؛ سىلەر
ئۇلارغا كۆرگۈزگەن چۈشلەرگە قۇلاق سالماڭلار؛ ⁹چۈنكى ئۇلار
مېنىڭ نامىمدا يالغاندىن بېشارەت بېرىدۇ؛ مەن ئۇلارنى ئەۋەتكەن

**2:29** 2پاد. 12:24

6:29 **«ئوغۇل-قىزلىق بولۇڭلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئوغۇل-قىزلارنى تۇغدۇرۇڭلار».

8:29 **«سىلەر ئۇلارغا كۆرگۈزگەن چۈشلەرگە قۇلاق سالماڭلار»** ــ خەلقنىڭ پالچىلارغا «بىز توغرۇلۇق بىر چۈش كۆرۈپ بەرسىڭىز» دېگەن تەلىپى ئىنتايىن كۆلكىلىك، شۇ چاغدىكى خەلق ھەقىقەتەن شۇ دەرىجىدە نادانلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

**8:29** يەر. 14:14؛ 31:23؛ 15:27

**ئەمەسمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.**
**[10] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ بابىلغا بېكىتىلگەن يەتمىش**
**يىل توشقاندا، مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كېلىپ سىلەرگە ئىلتىپات**
**كۆرسىتىمەنكى، سىلەرنى مۇشۇ يۇرتقا قايتۇرۇشۇم بىلەن سىلەرگە**
**قىلغان شاپائەتلىك ۋەدەمنى ئادا قىلىمەن؛ [11] چۈنكى ئۆزۈمنىڭ**
**سىلەر توغرۇلۇق پىلانلىرىمنى، ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئەمەس،**
**تىنچ-ئامانلىق ئېلىپ كېلىدىغان، ئاخىردا سىلەرگە ئۈمىدۋار**
**كېلەچەكنى ئاتا قىلىدىغان پىلانلىرىمنى ئوبدان بىلىمەن، ــ دەيدۇ**
**پەرۋەردىگار. [12] شۇنىڭ بىلەن سىلەر ماڭا نىدا قىلىپ، يېنىمغا كېلىپ**
**ماڭا دۇئا قىلىسىلەر ۋە مەن سىلەرنى ئاڭلايمەن. [13] سىلەر مېنى**
**ئىزدەيسىلەر ۋە مېنى تاپىسىلەر، چۈنكى سىلەر پۈتۈن قەلبىڭلار**
**بىلەن ماڭا ئىنتىلىدىغان بولىسىلەر. [14] مەن ئۆزۈمنى سىلەرگە**
**تاپقۇزىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار ــ ۋە مەن سىلەرنى سۈرگۈنلۈكتىن**
**قايتۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، مەن سىلەرنى ھەيدىۋەتكەن بارلىق**
**ئەللەردىن ۋە ھەيدىۋەتكەن بارلىق جايلاردىن يىغىمەن، ــ دەيدۇ**
**پەرۋەردىگار، ــ مەن سىلەرنى ئېلىپ، ئەسلى سۈرگۈن قىلىپ ئايرىغان**
**يۇرتقا قايتۇرىمەن.**
**[15] سىلەر: «پەرۋەردىگار بىزگە بابىلدا پەيغەمبەرلەرنى تىكلىدى»**
**دېسەڭلار، [16] ئەمدى پەرۋەردىگار داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان**

---

10:29 **«بابىلغا بېكىتىلگەن يەتمىش يىل توشقاندا، مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كېلىپ سىلەرگە ئىلتىپات كۆرسىتىمەنكى...»** ــ بۇ «يەتمىش يىل» توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**10:29** 2تار. 22:36؛ ئەزرا 1:1؛ يەر. 12:25؛ دان. 2:9

**12:29** دان. 9

13:29 **«سىلەر مېنى ئىزدەيسىلەر ۋە مېنى تاپىسىلەر، چۈنكى سىلەر پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن ماڭا ئىنتىلىدىغان بولىسىلەر»** ــ ياكى «سىلەر پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن مېنى ئىزدەيدىغان بولساڭلار، سىلەر مېنى ئىزدەپ تاپىسىلەر».

**14:29** يەر. 3:23

15:29 **««پەرۋەردىگار بىزگە بابىلدا پەيغەمبەرلەرنى تىكلىدى» دېسەڭلار...»** ــ بۇ

پادىشاھ ۋە بۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان بارلىق خەلق، يەنى سىلەر بىلەن
بىللە سۈرگۈن قىلىنمىغان قېرىنداشلىرىڭلار توغرۇلۇق شۇنى دەيدۇ:
—
[17] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: —
مانا، مەن ئۇلارنى ئازابلايدىغان قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا ئەۋەتىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى خۇددى سېسىغان، يېگىلى بولمايدىغان ناچار
ئەنجۈرلەردەك قىلىمەن؛ [18] ئۇلارنى قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا
بىلەن قوغلايمەن، ئۇلارنى يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارغا
ھەيدەپ ئاپىرىمەن؛ ئۇلارنى شۇ ئەللەرگە ۋەھىمە، لەنەت، دەھشەت،
ئۇش-ئۇش قىلىنىدىغان ۋە رەسۋا قىلىنىدىغان ئوبيېكت قىلىمەن.
[19] چۈنكى مەن تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، خىزمەتكارلىرىم
بولغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ سۆزلىرىمنى ئۇلارغا ئېيتقىنىم
بىلەن، ئۇلار قۇلاق سالمىغان؛ سىلەر سۈرگۈن بولغانلارمۇ ھېچ قۇلاق
سالمىغانسىلەر، — دەيدۇ پەرۋەردىگار. [20] لېكىن ئى سىلەر سۈرگۈن
بولغانلار، مەن يېرۇسالېمدىن بابىلغا ئەۋەتكەنلەر، پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزىنى ئاڭلاڭلار: —
[21] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار — ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: — مېنىڭ نامىمدا سىلەرگە يالغاندىن بېشارەت
بېرىدىغان كولايانىڭ ئوغلى ئاھاب توغرۇلۇق ۋە مائاسېياھنىڭ ئوغلى
زەدەكىيا توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: — مانا، مەن ئۇلارنى بابىل پادىشاھى
نېبوقادنەسارنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن، ئۇ ئۇلارنى كۆز ئالدىڭلاردا
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ؛ [22] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىسال قىلىنىپ
بابىلدا تۇرغان يەھۇدادىكى بارلىق سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ئاغزىدا:

---

ئايەتتىكى «پەيغەمبەرلەر» شۈبھىسىزكى، يالغان ئۆمدلەرنى قوزغايدىغان ساختا پەيغەمبەرلەرنى كۆرستىدۇ. مۇشۇ بېشارەتتىن كۆپ ئۆتمەي، دانىيال ھەم ئەزاكىيال دېگەن ھەقىقىي پەيغەمبەرلەر بابىلدا بېشارەت قىلىشقا باشلىدى.

**17:29** يەر. 8،10:24

**18:29** قان. 25،37:28؛ يەر. 4:15؛ 9،10:24

«پەرۋەردىگار سېنى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار ئوتتا كاۋاپ قىلغان
زەدەكىيا ۋە ئاھابدەك قىلسۇن!» دېگەن لەنەت سۆزى بولىدۇ؛ [23] چۈنكى
ئۇلار ئىسرائىل ئىچىدە ئىپلاسلىق قىلغان، قوشنىلارنىڭ ئاياللىرى
بىلەن زىنا قىلغان ۋە مېنىڭ نامىمدا يالغان سۆزلەرنى، مەن ئۇلارغا
ھېچ تاپىلىمىغان سۆزلەرنى قىلغان؛ مەن بۇلارنى بىلگۈچى ۋە گۇۋاھ
بولغۇچىدۇرمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## شېمايا بابىلدىن يەرەمىياغا ئەۋەتكەن خەت<br>يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ يوللىغان جاۋاب خېتى<br>خۇدانىڭ بۇنىڭ توغرۇلۇق يەرەمىياغا ئېيتقان سۆزى

[24] «سەن يەرەمىيا نەھەلەملىك شېماياغا مۇنداق دېگىن: ــ
[25] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ چۈنكى سەن ئۆز نامىڭدا يېرۇسالېمدىكى
بارلىق خەلققە، كاھىن بولغان مائاسېياھنىڭ ئوغلى زەفانىياغا
ۋە بارلىق كاھىنلارغا خەتلەر يوللىغىنىڭ تۈپەيلىدىن، ــ [26] (سەن
زەفانىياغا مۇنداق يازغان: «پەرۋەردىگار سېنى كاھىن يەھويادانىڭ
ئورنىغا كاھىن تىكلىگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ سېنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە
شۇنىڭغا نازارەتچى قىلغانكى، بېشارەت بېرىدىغان پەيغەمبەر
بولۇۋالغان ھەربىر تەلۋىنى بېسىش ئۈچۈن پۇتى ۋە بويىنىغا تاقاق
سېلىشىڭ كېرەك. [27] ئەمدى سەن نېمىشقا سىلەرگە ئۆزىنى پەيغەمبەر
قىلىۋالغان ئاناتوتلۇق يەرەمىيانى ئەيىبلىمىدىڭ؟ [28] چۈنكى ئۇ ھەتتا
بابىلدا تۇرۇۋاتقان بىزلەرگىمۇ: «شۇ يەردە بولغان ۋاقتىڭلار ئۇزۇن
بولىدۇ؛ شۇڭا ئۆيلەرنى سېلىڭلار، ئۇلاردا تۇرۇڭلار، باغلارنى بەرپا

26:29 «ئۇ سېنى ... نازارەتچى قىلغانكى، بېشارەت بېرىدىغان پەيغەمبەر بولۇۋالغان
ھەربىر تەلۋىنى بېسىش ئۈچۈن پۇتى ۋە بويىنىغا تاقاق سېلىشىڭ كېرەك» ــ ئۇقۇرمەنلەر
باشقا خىل تەرجىمىلەرنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن. لېكىن ئومۇمىي مەنىسى تەرجىمىمىزنىڭكىدەك
بولىدۇ.
26:29 يەر. 1:20، 2، 3

قىلىشلار، ئۇلارنىڭ مېۋىسىنى يەڭلار» دەپ خەت يوللىدى!»[29] —
زەفانىيا مۇشۇ خەتنى يەرەمىيا پەيغەمبەر ئالدىدا ئوقۇدى.
[30] ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەرەمىياغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: —
[31] بارلىق سۈرگۈن بولغانلارغا خەت يوللاپ مۇنداق دېگىن: —
پەرۋەردىگار نەھەلاملىق شەمايا توغرۇلۇق مۇناق دەيدۇ: چۈنكى مەن
ئۇنى ئەۋەتمىگەن بولسامۇ، شېمايانىڭ سىلەرگە بېشارەت بېرىپ،
سىلەرنى يالغانچىلىققا ئىشەندۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن،[32] شۇڭا
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — مانا، نەھەلاملىق شېمايانى نەسلى
بىلەن بىللە جازالايمەن؛ مۇشۇ خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ ھېچقانداق
نەسلى تېپىلمايدۇ؛ ئۇ مەن ئۆز خەلقىم ئۈچۈن قىلماقچى بولغان
ياخشىلىقنى ھېچ كۆرمەيدۇ، — دەيدۇ پەرۋەردىگار: — چۈنكى ئۇ
ئادەملەرنى ماڭا ئاسىيلىققا قۇتراتتى.

## خۇدانىڭ خەلققە تەسەللى، رىغبەت ۋە ئۈمىد بېرىش ئۈچۈن يەرەمىيانىڭ كىتاب يېزىشى

30 [1] پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا كەلگەن سۆز: —
[2] ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — مەن
ساڭا ھازىر دەيدىغان مۇشۇ بارلىق سۆزلىرىمنى يازمىغا يازغىن؛

**31:29** يەر. 15:28
**32:29** يەر. 16:28
1:30 **«پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا كەلگەن سۆز..»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، پەرۋەردىگار يەرەمىياغا «يۇلۇش، سۆكۈش، ھالاك قىلىش ۋە ئۆرۈش» ھەم «قۇرۇش ۋە تىرىپ ئۆستۈرۈش»نى جاكارلاشقا چاقىرغان (10:1). ئۇ «يۇلۇش، سۆكۈش، ھالاك قىلىش ۋە ئۆرۈش» توغرۇلۇق بېشارەتلەر بەرگەندىن كېيىن، ھازىر ئۇنىڭغا «قۇرۇش ۋە تىرىپ ئۆستۈرۈش» توغرۇلۇق بېشارەتلەر (30-33-بابلار) بېرىلىدۇ.
2:30 **«مەن ساڭا ھازىر دەيدىغان مۇشۇ بارلىق سۆزلىرىمنى يازمىغا يازغىن»** — «مۇشۇ بارلىق سۆزلىرىم» بەلكىم 30-31بابلاردا كۆرۈلىدۇ. سۆزلەر بەلكىم چۈش ئارقىلىق يەرەمىياغا تاپشۇرۇلغان (26:31نى كۆرۈڭ). ئۇلار ئەسلى ئايرىم ئورام كىتابچە

**[3]چۈنكى مانا، شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ
مەن خەلقىم ئىسرائىل ھەم يەھۇدانى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرۇپ
ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، ئۇلارنى ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقدىم قىلغان
زېمىنغا قايتۇرىمەن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ.
[4]پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىل توغرۇلۇق ۋە يەھۇدا توغرۇلۇق دېگەن
سۆزلىرى تۆۋەندىكىدەك: ــ
[5]چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ئاڭلىتىلىدۇ ئالاقزادىلىك ھەم قورقۇنچلۇقنىڭ ئاۋازى،
بولسۇن نەدە ئامان-تىنچلىق!
[6]سوراڭلار، شۇنى كۆرۈپ بېقىڭلاركى، ئەر بالا تۇغامدۇ؟ مەن
نېمىشقا ئەمدى تولغاقتا چۈشكەن ئايالدەك ھەربىر ئەر كىشىنىڭ
چاتىرىقىنى قولى بىلەن تۇتقانلىقىنى كۆرىمەن؟ نېمىشقا
يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەندۇ؟ [7]ئايھاي، شۇ كۈنى دەھشەتلىكتۇر!
ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۈن ئوخشىمايدۇ؛ ئۇ ياقۇپنىڭ ئازاب-
ئوقۇبەت كۈنىدۇر؛ لېكىن ئۇ ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇلىدۇ. [8]شۇ
كۈنىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ــ مەن ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى
بوينۇڭدىن ئېلىپ سۇندۇرۇۋېتىمەن، ئاسارەتلىرىڭنى بۇزۇپ
تاشلايمەن، يات ئادەملەر ئۇنى ئىككىنچى قۇللۇققا چۈشۈرمەيدۇ.**

---

بولۇشى كېرەك ئىدى.

**6:30** يەر. 31:4؛ 24:6

7:30 **«ئۇ ياقۇپنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت كۈنىدۇر»** ــ «ياقۇپ» مۇشۇ يەردە ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىل خەلقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. بېشارەت بابىلدىن قايتۇرۇلۇشنى كۆرسەتكىنى بىلەن، «ياقۇپنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت كۈنى»نىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئاخىرقى زاماندا بولسا كېرەك.

**7:30** يو. 11:2؛ زەف. 15:1

8:30 **«مەن ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى بوينۇڭدىن ئېلىپ سۇندۇرۇۋېتىمەن»** ــ «ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى» دېگىنى مۇشۇ يەردە ئاۋۋال نەبوقادنەسارنىڭ قۇللۇقىنى، ھەممە ئاخىرقى زاماندىكى بابىل پادىشاھى «دەججال»نىڭ قۇللۇقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

[9] شۇنىڭ ئورنىدا ئۇلار پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ ھەمدە مەن ئۇلار
ئۈچۈن قايتىدىن تىكلەيدىغان داۋۇت پادىشاھىنىڭ قۇللۇقىدا
بولىدۇ.
[10] ئەمدى سەن، ئى قۇلۇم ياقۇپ، قورقما، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ
ئالاقزادە بولما، ئى ئىسرائىل؛ چۈنكى مانا، مەن سېنى يىراق
يەرلەردىن، سېنىڭ نەسلىڭنى سۈرگۈن بولغان زېمىندىن قۇتقۇزىمەن؛
ياقۇپ قايتىپ كېلىدۇ، ئارام تېپىپ ئازادە تۇرىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنى
قورقۇتمايدۇ. [11] چۈنكى مەن سېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەن بىلەن
بىللىدۇرمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ مەن سېنى تارقىتىۋەتكەن
ئەللەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگەشتۈرسەممۇ، لېكىن سېنى پۈتۈنلەي
تۈگەشتۈرمەيمەن؛ پەقەت ئۇستۇڭدىن ھۆكۈم چىقىرىپ تەربىيە-ساۋاق
بېرىمەن؛ سېنى جازالىماي قويۇپ قويمايمەن.

## پەرۋەردىگار يەھۇدانىڭ يارىسىنى ساقايتىدۇ

[12] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: سېنىڭ زېدەڭ داۋالىغۇسىز،
سېنىڭ ياراڭ بولسا ئىنتايىن ئېغىردۇر. [13] سېنىڭ دەۋايىڭنى
سورايدىغان ھېچكىم يوق، ياراڭنى تاڭغۇچى يوقتۇر، ساڭا شىپالىق
دورىلار يوقتۇر؛ [14] سېنىڭ بارلىق ئاشنىلىرىڭ سېنى ئۇنتۇغان؛ ئۇلار
سېنىڭ ھالىڭنى ھېچ سورىمايدۇ. چۈنكى مەن سېنى دۈشمەندەك
زەرب بىلەن ئۇرغانمەن، رەھىمسىز بىر زالىمدەك ساڭا ساۋاق بولسۇن
دەپ ئۇرغانمەن؛ چۈنكى سېنىڭ قەبىھلىكىڭ ھەددى-ھېسابسىز،

**9:30** **«مەن ئۇلار ئۈچۈن قايتىدىن تىكلەيدىغان داۋۇت پادىشاھى...»** ــ «داۋۇت پادىشاھى» شۇبھىسىزكى، داۋۇتنىڭ ئۆزىدىن ئۇلۇغ بولغان ئەۋلادى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

**9:30** ئەز. 23،24:34؛ 24:37؛ ھوش. 5:3

**10:30** يەش. 13:41؛ 5:43؛ 1:44؛ يەر. 28:46

**11:30** يەش. 8:27؛ يەر. 27:4؛ 10،18:5؛ 24:10؛ 28:46؛ پەند. 4:11؛ ئەز. 19:7؛ زەف. 1:14-16، 18؛ دان. 26:9-27؛ يەش. 22:10-23؛ 22:28؛ ناھ. 9:1

**12:30** يەر. 19:10؛ 18:15

گۇناھلىرىڭ ھەددىدىن زىيادە بولغان. [15] نېمىشقا زىيدەڭ تۈپەيلىدىن،
دەرد-ئەلىمىڭ داۋالىغۇسىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن پەرياد كۆتۈرىسەن؟
قەبىھلىكىڭنىڭ ھەددى-ھېسابسىز بولغانلىقىدىن، گۇناھلىرىڭ
ھەددىدىن زىيادە بولغانلىقىدىن، مەن شۇلارنى ساڭا قىلغانمەن.
[16] لېكىن سېنى يۇتۇۋالغانلارنىڭ ھەممىسى يۇتۇۋېلىنىدۇ؛ سېنىڭ
بارلىق كۈشەندىلىرىڭ بولسا سۈرگۈن بولىدۇ؛ سېنى بۇلىغانلارنىڭ
ھەممىسى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ؛ سېنى ئوۋ قىلغانلارنىڭ
ھەممىسىنى ئوۋلىنىدىغان قىلىمەن. [17] چۈنكى مەن ساڭا تېڭىق
تېڭىپ قويىمەن ۋە يارىلىرىڭنى ساقايتىمەن ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ
چۈنكى ئۇلار سېنى: «غېرىب-بىچارە، ھېچكىم ھالىنى سورىمايدىغان
زىئون دەل مۇشۇدۇر» دەپ ھاقارەتلىگەن.

## پەرۋەردىگار ئىسرائىل ۋە يەھۇدانى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ

[18] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
مانا، مەن ياقۇپنىڭ چېدىرلىرىنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرۇپ ئەسلىگە
كەلتۈرىمەن،
ئۇنىڭ تۇرالغۇلىرى ئۈستىگە رەھىم قىلىمەن؛
شەھەر خارابىلىرى ئۆل قىلىنىپ قايتىدىن قۇرۇلىدۇ،
ئوردا-قەلئە ئۆز جايىدا يەنە ئادەمزاتلىق بولىدۇ.
[19] شۇ جايلاردىن تەشەككۈر كۈيلىرى ۋە شاد-خۇراملىق سادالىرى
ئاڭلىنىدۇ؛

14:30 **«سېنىڭ بارلىق ئاشنىلىرىڭ سېنى ئۇنتۇغان»** ــ «ئاشنىلىرىڭ» مۇشۇ يەردە (1) ئىسرائىلغا «سىلەرگە ئىتتىپاقداش بولايلى» دېگەن بۇتپەرەس ئەللەرنى (2) يەھۇدادىكىلەر چوقۇنغان ھەم تايانغان بۇتلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**14:30** يەر. 20:22

**15:30** يەر. 6:5؛ 17:13

**16:30** مىس. 22:23؛ يەش. 11:41؛ يەر. 25:10

18:30 **«شەھەر خارابىلىرى ئۆل قىلىنىپ قايتىدىن قۇرۇلىدۇ»** ــ «شەھەر» يېرۇسالېمنى كۆرسىتىشى كېرەك. «شەھەر»نىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ھەربىر شەھەر...».

**مەن ئۇلارنى كۆپەيتىمەنكى، ئۇلار ئەمدى ئازايمايدۇ؛**
**مەن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرىمەن، ئۇلار ھېچ پەس بولمايدۇ.**
**[20] ئۇلارنىڭ باللىرى قەدىمدىكىدەك بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ جامائىتى ئالدىمدا مەزمۇت تۇرغۇزۇلىدۇ؛**
**ئۇلارنى خورلىغانلارنىڭ ھەممىسىنى جازالايمەن.**
**[21] ئۇلارنىڭ بېشى ئۆزلىرىدىن بولىدۇ،**
**ئۇلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگۈچىسى ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىن چىقىدۇ؛**
**مەن ئۇنى ئۆز يېنىمغا كەلتۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا يېقىن كېلىدۇ؛**
**چۈنكى يېنىمغا كەلگۈچى جېنىنى تەۋەككۇل قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.**
**[22] ــ شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنىڭ خەلقىم بولىسىلەر،**
**مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن.**
**[23] مانا، پەرۋەردىگاردىن چىققان بىر بوران-چاپقۇن!**
**ئۇنىڭدىن قەھر چىقتى؛**
**بەرھەق، دەھشەتلىك بىر قارا قويۇن چىقىپ كەلدى؛**
**ئۇ پىرقىراپ رەزىللەرنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.**
**[24] كۆڭلىدىكى نىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ تولۇق ئەمەل قىلغۇچە،**
**پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپى يانمايدۇ؛**
**ئاخىرقى كۈنلەردە سىلەر بۇنى چۈشىنىپ يېتىسىلەر.**

**19:30** يەر. 4:31

**21:30** **«ئۇلارنىڭ بېشى ئۆزلىرىدىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگۈچىسى ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىن چىقىدۇ...»** ــ بۇ ئايەت يەنە داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. ئايەت ئۇنىڭ ھەم پادىشاھ ھەم كاھىن (باشقىلارغا ۋەكىل بولۇپ خۇدانىڭ ئالدىغا دۇئا قىلىشقا كېلىدىغان) بولىدىغانلىقىنى ئايان قىلىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**22:30** يەر. 7:24؛ 1،33:31؛ 38:32

**23:30** يەر. 19:23، 20؛ 32:25

## (داۋامى)

31 1 شۇ ۋاقىتتا، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن ئىسرائىلنىڭ
جەمەتلىرىنىڭ خۇداسى بولىمەن، ئۇلار مېنىڭ خەلقىم
بولىدۇ.

## ئىسرائىل (10 قەبىلە) ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ يەھۇداغا باغلىنىپ، خۇدا ئالدىدا ئىبادەت قىلىدۇ

2 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ قىلىچتىن ئامان قالغان خەلق، يەنى
ئىسرائىل، چۆل-باياۋاندا ئىلتىپاتقا ئىگە بولغان؛ مەن كېلىپ
ئۇلارنى ئارام تاپقۇزىمەن. 3 پەرۋەردىگار يىراق يۇرتتا بىزگە كۆرۈنۈپ:
«مەن سېنى مەڭگۈ بىر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ كەلدىم؛ شۇڭا مەن
ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىق بىلەن سېنى ئۆزۈمگە تارتىپ كەلگەنمەن.
4 مەن سېنى قايتىدىن قۇرىمەن، شۇنىڭ بىلەن سەن قۇرۇلىسەن، ئى
ئىسرائىل قىزى! سەن قايتىدىن داپلىرىڭنى ئېلىپ شاد-خۇرام
قىلغانلارنىڭ ئۇسسۇللىرىغا چىقىسەن. 5 سەن قايتىدىن سامارىيەنىڭ
تاغلىرى ئۈستىگە ئۈزۈمزارلار تىكىسەن؛ ئۇلارنى تىككۈچىلەر
ئۆزلىرى تىكىپ، مېۋىسىنى ئۆزلىرى يەيدۇ. 6 چۈنكى ئەفرائىمنىڭ

---

2:31 **«قىلىچتىن ئامان قالغان خەلق، يەنى ئىسرائىل، چۆل-باياۋاندا ئىلتىپاتقا ئىگە بولغان»** ــ «ئىسرائىل» مۇشۇ يەردە ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 722-يىلى ئۆزىگە سۈرگۈن قىلغان ئون قەبىلىنى كۆرسىتىدۇ. «قىلىچتىن ئامان قالغان خەلق» يەنە بابىلغا سۈرگۈن بولغان يەھۇدانى كۆرسىتىدۇ (50:51نى كۆرۈڭ). «چۆل-باياۋاندا ئىلتىپاتقا ئىگە بولغان» دېگەن سۆزلەر، ئىسرائىل مىسىردىن قۇتقۇزۇلۇپ چىقىپ، چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ نۇرغۇن كارامەت ئىشلارنى كۆرگەندەك، مۇشۇ سۈرگۈن بولغان ئىسرائىل بىلەن يەھۇدا بابىل ۋە باشقا شىمالىي تەرەپلەردىن تەڭ قۇتقۇزۇلۇپ، چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن نۇرغۇن كارامەت ئىشلارنى كۆرىدۇ.

**4:31** يەر. 19:30

5:31 **«سەن قايتىدىن سامارىيەنىڭ تاغلىرى ئۈستىگە ئۈزۈمزارلار تىكىسەن؛ ئۇلارنى تىككۈچىلەر ئۆزلىرى تىكىپ، مېۋىسىنى ئۆزلىرى يەيدۇ»** ــ ئۈزۈمزارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېرەك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى شۇ چاغنىڭ ئامان-تىنچلىق كۈنلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**5:31** يەش. 21:65

**ئېگىزلىكىدە تۇرغان كۆزەتچىلەر: «تۇرۇڭلار، پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا ئىبادەت قىلىشقا زىئونغا چىقايلى!» ــ دەپ نىدا كۆتۈرىدىغان كۈنى كېلىدۇ.**

**[7] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**ياقۇپ ئۈچۈن شاد-خۇراملىق بىلەن ناخشا ئېيتىڭلار،**
**ئەللەرنىڭ بېشى بولغۇچى ئۈچۈن ئايھاي كۆتۈرۈڭلار؛**
**جاكارلاڭلار، مەدھىيە ئوقۇپ: «ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ خەلقىڭنى،**
**يەنى ئىسرائىلنىڭ قالدىسىنى قۇتقۇزغايسەن!» ــ دەڭلار!**
**[8] مانا، مەن ئۇلارنى شىمالىي يۇرتلاردىن ئېپكېلىمەن،**
**يەر يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىدىن يىغىمەن؛**
**ئۇلار ئارىسىدا ئەمالار ۋە توكۇرلار بولىدۇ؛**
**هامىلىدار ۋە تۇغاي دېگەنلەر بىللە بولىدۇ؛**
**ئۇلار ئۇلۇغ بىر جامائەت بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ.**

---

6:31 **«ئەفرائىمنىڭ ئېگىزلىكىدە تۇرغان كۆزەتچىلەر: ...»** ــ «ئەفرائىم» دېگەنلىك مۇشۇ يەرنى «ئىسرائىل»، يەنى «شىمالىي پادىشاھلىق»نى كۆرسىتىدۇ (شىمالىي پادىشاھلىقتىكى ئون قەبىلە بەزى ۋاقىتلاردا قىسقىچە «ئەفرائىم» دەپ ئاتالغان). «ئىسرائىل» يەھۇدادىن ئايرىلىپ چىققان ۋاقىتدا، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆز پۇقرالىرىنى بۇرۇنقىدەك يەھۇدا بىلەن بىللە يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدا ئىبادەت قىلسا، ئۇنداقتا ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ كېتىشى ياكى يالتىيىشى مۇمكىن دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ يېرۇسالېمغا بارماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ «ئىبادەتخانا»سىنى قۇرۇپ ئۇنىڭغا بۇتلارنى سالغان. مۇشۇ بېشارەت، كەلگۈسىدە مۇشۇنداق ھەسەتخورلۇق مەۋجۇت بولمايدۇ، يەھۇدا ۋە ئەفرائىمنىڭ خۇدانىڭ ئىبادىتىدە قەلبى بىر بولىدۇ، دەيدۇ. **«كۆزەتچىلەر»** ــ بۇلارنىڭ ئادەتتىكى بۇرچى، دۈشمەنلەرنىڭ يېقىن كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ئاگاھ بېرىش. لېكىن شۇ كۈنلەر تىنچ-ئامان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر بۇرچى «يېڭى ئاي»نى بايقاپ، بايرام-ھېيتلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك يېرۇسالېمغا چىقايلى، دەپ جاكارلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

**6:31** يەش. 2:2، 3؛ مىك. 2:4

7:31 **«ياقۇپ ئۈچۈن شاد-خۇراملىق بىلەن ناخشا ئېيتىڭلار، ئەللەرنىڭ بېشى بولغۇچى ئۈچۈن ئايھاي كۆتۈرۈڭلار؛ جاكارلاڭلار، مەدھىيە ئوقۇپ...دەڭلار!»** ــ بۇ سۆزلەر كىملەرگە ئېيتىلىدۇ؟ ياقۇپ «ئەللەرنىڭ بېشى» دەپ ئاتالغاچقا، بۇ سۆزلەر «يات ئەللەر»گە ئېيتىلىشى مۇمكىن (10-ئايەتنى كۆرۈڭ)؛ ياكى بولمىسا سۈرگۈنلۈكتىن يۇرتقا بالدۇر قايتىپ كېلىۋاتقان يەھۇداغا، ياكى قېرىنداشلىرىغا دۇئا قىلىشنى دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

**8:31** يەر. 18:3

9 ئۇلار يىغا-زارلار كۆتۈرۈپ كېلىدۇ،
ئۇلار دۇئا-تىلاۋەت قىلغاندا ئۇلارنى يېتەكلەيمەن؛
مەن ئۇلارنى ئېرىق-ئۆستەڭلەر بويىدا، ھېچ پۇتلاشمايدىغان تۈز يول
بىلەن يېتەكلەيمەن؛
چۈنكى مەن ئىسرائىلغا ئاتا بولىمەن،
ئەفرائىم بولسا مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇمدۇر.
10 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئى ئەللەر،
دېڭىز بويىدىكى يىراق يۇرتلارغا: ــ
«ئىسرائىلنى تارقاتقۇچى ئۇنى قايتىدىن يىغىدۇ،
پادا باققۇچى پادىسىنى باققاندەك ئۇ ئۇلارنى باقىدۇ؛
11 چۈنكى پەرۋەردىگار ياقۇپنى بەدەل تۆلەپ قۇتۇلدۇرغان،
ئۇنىڭغا ھەمجەمەت بولۇپ ئۆزىدىن زور كۈچلۈك بولغۇچىنىڭ
چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغان!» ــ دەپ جاكارلاڭلار.
12 ئۇلار كېلىپ زىئوندىكى ئېگىزلىكلەردە شاد-خۇراملىقتا تووۋلايدۇ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتىدىن، يەنى بۇغداي، شاراب، زەيتۇن
مېيىدىن، مال-ۋارانىنىڭ قوزىلىرىدىن بەرق ئۇرىدۇ؛
ئۇلارنىڭ جېنى خۇددى مول سۇغىرىلغان باغدەك بولىدۇ،
ئۇلار ئىككىنچى ھېچ سولاشمايدۇ.
13 شۇ چاغدا قىزلار ئۇسسۇلدا شادلىنىدۇ،
يىگىتلەر ۋە مويسىپىتلارمۇ تەڭ شۇنداق بولىدۇ؛
چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ ئاھ-زارلىرىنى شاد-خۇراملىققا ئايلاندۇرىمەن؛
مەن ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ، دەرد-ئەلەمنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى شادلىققا
چۆمدۈرىمەن.
14 مەن كاھىنلارنى مولچىلىق بىلەن تويغۇزىمەن،
خەلقىم ئىلتىپاتىمغا قانائەت قىلىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

**9:31** مىس. 22:4
**11:31** يەش. 10:40؛ 24،25:49
**12:31** يەش. 11:61

[15] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
راماھ شەھىرىدە بىر سادا،
ئاچچىق يىغا-زارنىڭ پىغانى ئاڭلىنىدۇ،
ــ بۇ راھىلەنىڭ ئۆز بالىلىرى ئۈچۈن كۆتۈرگەن ئاھ-زارلىرى؛
چۈنكى ئۇ بالىلىرى بولمىغاچقا، تەسەللىنى قوبۇل قىلماي پىغان
كۆتۈرىدۇ.
[16] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ــ يىغا-زارىڭنى توختات،
كۆزلىرىڭنى ياشلاردىن تارت؛ چۈنكى مۇنۇ تارتقان جاپايىڭدىن مېۋە
بولىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ ئۇلار دۈشمەنىنىڭ زېمىنىدىن قايتىدۇ؛
[17] بەرھەق، كېلەچىكىڭ ئۈمىدلىك بولىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ ۋە
سېنىڭ بالىلىرىڭ يەنە ئۆز چېگرىسىدىن كىرىپ كېلىدۇ.
[18] مەن دەرۋەقە ئەفرائىمنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئۆكۈنۈپ:
«سەن بىزگە شاش تورپاققا تەربىيە بەرگەندەك ساۋاق-تەربىيە بەردىڭ؛
ئەمدى بىزنى توۋا قىلدۇرغايسەن،
بىز شۇنىڭ بىلەن توۋا قىلىپ قايتىپ كېلىمىز،
چۈنكى سەن پەرۋەردىگار خۇدايىمىزدۇرسەن؛

15:31 **«راماھ شەھىرىدە بىر سادا، ئاچچىق يىغا-زارنىڭ پىغانى ئاڭلىنىدۇ،..»** ــ «راماھ» بولسا بەيت-ئەل ۋە بەيت-لەھەم ئارىسىدىكى يېزا؛ ياقۇپنىڭ ئايالى راھىلە (بالا تۇغقىنىدا) شۇ يەردە ئۆلۈپ كۆمۈلگەنىدى. راھىلە «ئىسرائىل»دىكى ئون قەبىلىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى چوڭ قەبىلىنىڭ ئەجدادى بولغان ئەفرائىم ۋە ماناسسەھنىڭ چوڭ ئاپىسى ئىدى؛ مۇشۇ يەردە ئۇ ئۇلارنىڭ ئىسرائىل زېمىنىدىن (سۈرگۈن بولۇپ) ئەلۋىدا ئايرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يىغلاپ تاشلىغانلىقىغا سىمۋول قىلىنىدۇ.
**15:31** مات. 17،18:2.
18:31 **«مەن دەرۋەقە ئەفرائىمنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئۆكۈنۈپ: «سەن بىزگە شاش تورپاققا تەربىيە بەرگەندەك ساۋاق-تەربىيە بەردىڭ؛ ئەمدى بىزنى توۋا قىلدۇرغايسەن، ... چۈنكى سەن پەرۋەردىگار خۇدايىمىزدۇرسەن»** ــ ئىبرانيي تىلىدا ئەفرائىمنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى «مەن»، «مېنى» قاتارلىق ئالماشلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چۈشىنىشلىك بولسۇن دەپ مۇشۇ ئايەتتە ۋە 19-ئايەتتە ئەفرائىم بايان قىلىنغاندا، «مەن» دېگەن سۆزنى «بىز» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.
–ئىبرانيي تىلىدا «توۋا قىلىش» ۋە «قايتىپ كېلىش» بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ يەردە شۈبھىسىزكى، ھەم خەلقنىڭ توۋا قىلىشىنى ۋە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
**18:31** يەر. 21:5.

19 چۈنكى بىز تووۋا قىلدۇرۇلۇشىمىز بىلەن ھەقىقەتەن تووۋا قىلدۇق؛
بىز ئۆزىمىزنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، يوتىمىزنى ئۇردۇق؛
بىز ياشلىقىمىزدىكى قىلمىشلىرىمىزنىڭ شەرم-ھاياسى تۈپەيلىدىن نومۇس قىلىپ، خىجالەتتە قالدۇق!» ــ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.
20 ــ ئەفرائىم ماڭا نىسبەتەن جان-جىگەر بالام ئەمەسمۇ؟
چۈنكى مەن ئۇنى ئەيىبلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەردائىم كۆڭلۈمدە سېغىنىمەن؛
شۇڭا ئىچ-باغرىم ئۇنىڭغا ئاغرىۋاتىدۇ؛
مەن ئۇنىڭغا رەھىم قىلماسام بولمايدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
21 ــ شۇڭا ئۆزۈڭگە يول بەلگىلىرىنى بىكىتىپ قويغىن؛
سەن سۈرگۈنگە ماڭغان يولغا، شۇ كۆتۈرۈلگەن يولغا كۆڭۈل قويۇپ دىققەت قىلغىن؛
ھازىر شۇ يول بىلەن قايتىپ كەل، ئى جان-جىگىرىم ئىسرائىل قىزى، مۇشۇ شەھەرلىرىڭگە قاراپ قايتىپ كەل!
22 سەن قاچانغىچە تېنەپ يۈرىسەن، ئى يولدىن چىققۇچى قىزىم؟
چۈنكى پەرۋەردىگار يەر يۈزىدە يېڭى ئىش يارىتىدۇ:
ــ ئايال كىشى باتۇرنىڭ ئەتراپىدا يېپىشىپ خەۋەر ئالىدۇ!

## يەھۇدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ

23 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن ئۇلارنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرگىنىمدە يەھۇدانىڭ زېمىنىدا ۋە شەھەرلىرىدە خەقلەر

---

19:31 **«بىز ئۆزىمىزنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، يوتىمىزنى ئۇردۇق»** ــ «يوتىنى ئۇرۇش» دېگەن ھەرىكەت قاتتىق پۇشايمان، قاتتىق خىجالەتنى بىلدۈرەتتى.
**19:31** قان. 2:30
22:31 **«پەرۋەردىگار يەر يۈزىدە يېڭى ئىش يارىتىدۇ: ــ ئايال كىشى باتۇرنىڭ ئەتراپىدا يېپىشىپ خەۋەر ئالىدۇ!»** ــ بۇ ئاجايىب بېشارەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. بىزنىڭچە ئۇ مەسىھنىڭ پاك قىز مەريەمدىن تۆغۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەنە يېرۇسالېم توغرۇلۇق: «پەرۋەردىگار سېنى بەختلىق قىلغاي، ئى ھەققانىيلىق تۇرغان جاي، پاك-مۇقەددەسلىكنىڭ تېغى!» دەيدىغان بولىدۇ. [24] شۇ يەردە يەھۇدا ــ شەھەرلىرىدىكىلەر، دېھقانلار ۋە پادا باققۇچى كۆچمەن چارۋىچىلار ھەممىسى بىللە تۇرىدۇ. [25] چۈنكى مەن ھېرىپ كەتكەن جان ئىگىلىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىمەن، ھەربىر ھالىدىن كەتكەن جان ئىگىلىرىنى يېڭىلاندۇرىمەن.

[26] ــ مەن يەرەمىيا بۇنى ئاڭلاپ ئويغاندىم، ئەتراپقا قارىدىم، ناھايىتى تاتلىق ئۇخلاپتىمەن.

## ئىسرائىل ۋە يەھۇدا قايتىدىن ئاھالىلىك بولىدۇ

[27] مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن ئىسرائىل جەمەتىدە ۋە يەھۇدا جەمەتىدە ئىنسان نەسلىنى ۋە ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى تېرىپ ئۆستۈرىمەن. [28] شۇنداق بولىدۇكى، مەن ئۇلارنى يۇلۇش، سۆكۈش، ھالاك قىلىش، ئاغدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا نەزىرىمنى سالغاندەك، مەن ئۇلارنى قۇرۇش ۋە تىكىپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئۇلارغا نەزىرىمنى سالىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## يېڭى ئەھدە

[29] شۇ كۈنلەردە ئۇلار يەنە: «ئاتىلار ئاچچىق-چۈچۈك ئۈزۈملەرنى يېگەن، شۇڭا بالىلارنىڭ چىشى قېرىق سېزىلىدۇ» دېگەن مۇشۇ

23:31 يەر. 7:50

26:31 «ــــ مەن يەرەمىيا بۇنى ئاڭلاپ ئويغاندىم، ئەتراپقا قارىدىم، ناھايىتى تاتلىق ئۇخلاپتىمەن» ــ بەزى ئالىملار بۇ ئايەت كەلگۈسىدىكى ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ: «ئۇلار شۇ چاغدا: «بىز ھازىر ئويغىنىپ ئەتراپقا قارىساق، ياخشى ئۇيقۇدىن بەھرىمەن بولدۇق» دەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بىزنىڭچە بەلكىم خۇدانىڭ سۆزى يەرەمىياغا چۈشىدە كەلگەندۇر

**ماقالنى ھېچ ئىشلەتمەيدۇ. [30] چۈنكى ھەربىرسى ئۆز گۇناھى ئۈچۈن**
**ئۆلىدۇ؛ ئاچچىق-چۈچۈك ئۈزۈملەرنى يېگەنلەرنىڭ بولسا، ئۆزىنىڭ**
**چىشى قېرىق سېزىلىدۇ.**
**[31] مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن ئىسرائىل**
**جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى بىلەن يېڭى ئەھدە تۈزىمەن؛ [32] بۇ ئەھدە**
**ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىگە ئوخشىمايدۇ؛ شۇ**
**ئەھدىنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىنى قولىدىن تۇتۇپ مىسىردىن قۇتقۇزۇپ**
**يېتەكلىگىنىمدە ئۇلار بىلەن تۈزگەنىدىم؛ گەرچە مەن ئۇلارنىڭ**
**يولدىشى بولغان بولساممۇ، مېنىڭ شۇ ئەھدەمنى ئۇلار بۇزغان، ــ**
**دەيدۇ پەرۋەردىگار. [33] چۈنكى شۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئىسرائىل**
**جەمەتى بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى:**
**مەن ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە سالىمەن،**
**ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ يازىمەن.**
**مەن ئۇلارنىڭ ئىلاھى بولىمەن،**
**ئۇلارمۇ مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ.**
**[34] شۇنىدىن باشلاپ ھېچكىم ئۆز يېقىنىغا ياكى ئۆز قېرىندىشىغا: ــ**

---

29:31 **«ئاتىلار ئاچچىق-چۈچۈك ئۈزۈملەرنى يېگەن، شۇڭا بالىلارنىڭ چىشى قېرىق سېزىلىدۇ»** ــ دېمەك، ئاتا-بوۋىمىز يامان ئىش قىلغان، بىراق بىز ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى، خۇدانىڭ جازاسىنى كۆرىمىز. 30-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**29:31** ئەز. 2:18، 3

30:31 **«ئاچچىق-چۈچۈك ئۈزۈملەرنى يېگەنلەرنىڭ بولسا، ئۆزىنىڭ چىشى قېرىق سېزىلىدۇ»** ــ بۇ 30-ئايەتتىكى ماقال 29-ئايەتتىكى مەقۇلنىڭ ئەكسىدۇر. «ئەزاكىيال پەيغەمبەر» كىتابىدا ئىزاھلىغىنىمىز («قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە، «ئەز.» 12:18 توغرۇلۇق ئېيتىلغان)دەك، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ گۇناھلىرى بالا-ئەۋلادلىرىغا مەلۇم بىر تەسىرى باردۇر، دەپ ئەكس ئېتىدۇ؛ لېكىن خۇدا ھازىر يېڭى ئەھدىنى (31-34نى كۆرۈڭ) ئۇلار بىلەن تۈزمەكچى بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ خۇدا بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەت-دوستلۇقى بار بولىدۇ، ئۆتكەندىكى ئىشلار ئۇلارغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

**31:31** ئىبر. 8:8

33:31 **«شۇ كۈنلەردىن كېيىن»** ــ بەلكىم خۇدا خەلقىنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرغاندىن كېيىن.

**33:31** يەر. 7:24؛ 22:30؛ 33:31

«پەرۋەردىگارنى تونۇغىن» دەپ ئۆگىتىپ يۈرمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ
ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە ھەممىسى مېنى تونۇپ بولغان بولىدۇ؛
چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كەچۈرىمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ
گۇناھىنى ھەرگىز ئېسىمگە كەلتۈرمەيمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## يېڭى ئەھدىگە كاپالەت بېرىش

35 قۇياشنى كۈندۈزدە نۇر بولسۇن دەپ بەرگەن، ئاي-يۇلتۇزلارنى كېچىدە
نۇر بولسۇن دەپ بەلگىلىگەن، دولقۇنلىرىنى شارقىرىتىپ دېڭىزنى
قوزغايدىغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ (ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۇنىڭ نامىدۇر): —
36 — مۇشۇ بەلگىلىگەنلىرىم مېنىڭ ئالدىمدىن يوقاپ كەتسە، — دەيدۇ
پەرۋەردىگار، — ئەمدى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ مېنىڭ ئالدىمدىن
بىر ئەل بولۇشتىن مەڭگۈگە قېلىشى مۇمكىن. 37 پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: — يۇقىرىدا ئاسمانلار ئۆلچەرلەنسە، تۆۋەندە يەر
ئۇلۇلىرى تەكشۈرۈلۈپ بىلىنسە، ئەمدى مەن ئىسرائىلنىڭ بارلىق
ئەۋلادلىرىنىڭ قىلغان ھەممە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلاردىن ۋاز
كېچىپ تاشلىغۇچى بولىمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## يېرۇسالېم شەھىرى كېڭەيتىلىدۇ

38 مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، — دەيدۇ پەرۋەردىگار، — شەھەر مەخسۇس
ماڭا ئاتىلىپ «ھانانىيەلنىڭ مۇنارى»دىن «دوقمۇش دەرۋازىسى»غىچە
قايتىدىن قۇرۇلىدۇ؛ 39 ئۆلچەم تانىسى قايتىدىن ئۆلچەش ئۈچۈن شۇ
يەردىن «گارەب دۆڭى»گىچە، ئاندىن گوئاتقا بۇرۇلۇپ سوزۇلىدۇ؛
40 جەسەتلەر ۋە قۇربانلىق كۈللىرى تاشلىنىدىغان پۈتكۈل جىلغا،
شۇنداقلا كىدرون دەرياسىغىچە ھەم شەرقكە قارايدىغان «ئات
دەرۋازىسى»نىڭ دوقمۇشىغىچە ياتقان ئېتىزلارنىڭ ھەممىسى

**34:31** يەش. 13:54؛ يەر. 8:33؛ مك. 18:7؛ يۇھ. 45:6؛ روس. 43:10
**35:31** يار. 16:1؛ يەش. 15:51

پەرۋەردىگارغا پاك-مۇقەددەس دەپ ھېسابلىنىدۇ؛ شەھەر قايتىدىن ھېچ يۇلۇپ تاشلانمايدۇ، ھەرگىز قايتىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانمايدۇ.

## يەرەمىيا بىر ئېتىزنى سېتىۋالىدۇ

32 [1] يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيانىڭ ئونىنچى يىلى، يەرەمىياغا پەرۋەردىگاردىن كەلگەن سۆز تۆۋەندە خاتىرىلەنگەن (شۇ يىل نېبوقادنەسارنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلى ئىدى؛ [2] شۇ چاغدا بابىل پادىشاھىنىڭ قوشۇنى يېرۇسالېمنى قورشىۋالغانىدى؛ يەرەمىيا پەيغەمبەر بولسا يەھۇدا پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدىكى قاراۋۇللارنىڭ ھويلىسىدا قاماپ قويۇلغانىدى. [3-5] چۈنكى يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيا ئۇنى ئەيىبلەپ: «نېمىشقا سەن: «مانا، مەن بۇ شەھەرنى بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛ ئۇ ئۇنى ئىشغال قىلىدۇ؛ يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيا كالدىيلەرنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ؛ چۈنكى ئۇ بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلماي قالمايدۇ؛ ئۇ ئۇنىڭ بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىدۇ، ئۆز كۆزى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارايدۇ. ئۇ زەدەكىيانى بابىلغا ئاپىرىدۇ، ئۇ مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ تولۇق بىر تەرەپ قىلغۇچە شۇ يەردە تۇرىدۇ، دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ سىلەر كالدىيلەر بىلەن قارشىلاشساڭلارمۇ غەلىبە قىلالمايسىلەر!

---

**40:31 «جەسەتلەر ۋە قۇربانلىق كۈللىرى تاشلىنىدىغان پۈتكۈل جىلغا»** — مۇشۇ «جىلغا» «ھىننومنىڭ جىلغىسى» (گە-ھىننوم)نى كۆرسىتىدۇ (7-باب، 31-32-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنىمۇ كۆرۈڭ). بۇ جىلغىغا ئەخلەتلەر ھەم ھەرخىل ناپاك نەرسىلەر تاشلىناتتى. بۇ ئىنتايىن ناپاك، پاسكىنا جىلغىنىڭ كەلگۈسى زاماندا (ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئېيتىلغاندەك) خۇداغا ئاتاپ مۇقەددەس بولىدىغانلىقى ئاجايىب ئىش بولىدۇ. دېمەك، خۇدانىڭ شەپقىتى بىلەن پۈتكۈل شەھەر ۋە ئۇنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن پاك-مۇقەددەس بولىدۇ.

—يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئەتراپلىرى بۇ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن جايلارغا كېڭەيتىلمەكتە.

**«جەسەتلەر... تاشلىنىدىغان... جىلغا» .. «كىدرون دەرياسى»... «ئات دەرۋازىسى»** — شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە، «كىدرون دەرياسى» شەرقىي تەرىپىگە، «ئات دەرۋازىسى» بولسا بەلكىم شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقانىدى.

ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار» ـ دەپ بېشارەت بېرىسەن؟» ـ دەپ ئۇنى قاماپ
قويغانىدى). [6] يەرەمىيا: ـ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق
دېگەن ـ دېدى: ـ
[7] مانا، تاغاڭ شاللۇمنىڭ ئوغلى ھانامەئەل يېنىڭغا كېلىپ: «ئۆزۈڭ
ئۈچۈن ئاناتوتتىكى ئېتىزىمنى سېتىۋال؛ چۈنكى ئۇنى سېتىۋېلىشقا
سېنىڭ ھەمجەمەتلىك ھوقۇقۇڭ بار» ـ دەيدىغان بولىدۇ.
[8] ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىدەك تاغامنىڭ ئوغلى ھانامەئەل،
قاراۋۇللارنىڭ ھويلىسىدا يېنىمغا كېلىپ ماڭا: «بىنيامىننىڭ
زېمىنىدىكى مېنىڭ ئاناتوتتىكى ئېتىزىمنى سېتىۋالغايسەن؛ چۈنكى
ھەمجەمەت ھوقۇقى سېنىڭكىدۇر؛ ئۆزۈڭ ئۈچۈن سېتىۋال» ـ دېدى؛
ئاندىن مەن بۇنىڭ ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى
بىلىپ يەتتىم. [9] شۇڭا مەن تاغامنىڭ ئوغلى ھانامەئەلدىن ئاناتوتتىكى
بۇ ئېتىزنى سېتىۋالدىم؛ پۇلنى، يەنى ئون يەتتە شەكەل كۈمۈشنى
گىرگە سېلىپ ئۆلچىدىم. [10] مەن توختام خېتىگە ئىمزا قويۇپ،
ئۇستىگە مۆھۈرنى بېسىپ پېچەتلىدىم؛ بۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى
گۇۋاھ بەرگۈزدۈم، كۈمۈشنى تارازىغا سالدىم؛ [11] توختام خېتىنى
قولۇمغا ئالدىم، ـ بىرسىدە سودا تۈزۈمى ۋە شەرتلىرى خاتىرىلىنىپ
پېچەتلەنگەن، يەنە بىرسى پېچەتلەنمىگەنىدى ـ [12] ۋە مەن تاغامنىڭ
ئوغلى ھانامەئەلنىڭ كۆز ئالدىدا، بۇ سودا خېتىگە ئىمزا قويغان
گۇۋاھچىلار ۋە قاراۋۇللارنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرغان يەھۇدىيلارنىڭ
ھەممىسى ئالدىدا خەتلەرنى مائاسېياھنىڭ نەۋرىسى، نېرىيانىڭ
ئوغلى بولغان بارۇققا تاپشۇردۇم. [13] ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەن بارۇققا

---

3:32-5 يەر. 3:34

7:32 **«ھەمجەمەتلىك ھوقۇقى»** ـ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، ھەربىر ئىسرائىللىققا بىر پارچە زېمىن تەقسىم قىلىنغان. ئەگەر بۇ زېمىننى ساتماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۆز جەمەتىدىكىلەرگە سېتىۋېلىش پۇرسىتى بېرىشى كېرەك ئىدى؛ ئۇلار بۇ «ھەمجەمەت ھوقۇقى» بويىچە ئۇنى سېتىۋېلىشنى خالىمىسا، ئاندىن باشقىلارغا سېتىشقا بولاتتى.

9:32 **«ئون يەتتە شەكەل كۈمۈش»** ـ بىر شەكەل 11.4 گرام ئىدى؛ 17 شەكەل 194 گرام ئىدى.

مۇنداق تاپىلاپ دېدىم: ــ [14] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ بۇ خەتلەرنى،
يەنى پېچەتلەنگەن ۋە پېچەتلەنمىگەن بۇ توختام خەتلىرىنى ئېلىپ،
بۇلار ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ساقلانسۇن دەپ ساپال ئىدىش ئىچىگە
سالغىن؛ [15] چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ كەلگۈسىدە بۇ زېمىندا ھەم
ئۆيلەر، ھەم ئېتىزلار، ھەم ئۈزۈمزارلار قايتىدىن سېتىۋېلىنىدۇ.
[16] مەن توختام خېتىنى نېرىيانىڭ ئوغلى بولغان بارۇققا تاپشۇرغاندىن
كېيىن، پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدىم: ــ
[17] «ئاھ، رەب پەرۋەردىگار! مانا، سەن ئاسمان-زېمىننى ئۆزۈڭنىڭ زور
قۇدرىتىڭ ۋە سوزۇلغان بىلىكىڭ بىلەن ياسىغانسەن؛ ساڭا ھېچقانداق
ئىش تەس ئەمەستۇر؛ [18] سەن مىڭلىغان كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت
كۆرسىتىسەن ھەمدە ئاتىلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنىمۇ كېيىن
بالىلىرىنىڭ قوينىغا قايتۇرىسەن؛ ئاھ سەن ئۇلۇغ، قۇدرەت ئىگىسى
تەڭرىدۇرسەن ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
سېنىڭ نامىڭدۇر؛ [19] ئوي-نىشانلىرىڭدا ئۇلۇغ، قىلغان ئىشلىرىڭدا
قۇدرەتلىكسەن؛ كۆزلىرىڭ بىلەن ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئۆز يوللىرى
ۋە قىلغانلىرىنىڭ مېۋىسى بويىچە ھەربىرىگە ئىنئام ياكى جاز
قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارلىق يوللىرىنى كۆزلىگۈچىدۇرسەن؛
[20] ــ سەن بۈگۈنكى كۈنگىچە مىسىر زېمىنىدا، ئىسرائىل ئىچىدە
ھەم بارلىق ئىنسانلار ئارىسىدا مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى ھەم
كارامەتلەرنى ئايان قىلىپ كەلگەنسەن؛ شۇڭلاشقا بۈگۈنگىچە سېنىڭ
نامىڭ ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە. [21] سەن مۆجىزىلىك
ئالامەتلەر، كارامەتلەر قۇدرەتلىك قولۇڭ، سوزۇلغان بىلىكىڭ ۋە

---

17:32 **«ساڭا ھېچقانداق ئىش تەس ئەمەستۇر»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ساڭا ھېچقانداق ئىش كارامەت ئەمەستۇر».

**18:32** مىس. 7:34

**19:32** ئايۇپ 21:34؛ پەند. 21:5؛ يەش. 29:28؛ يەر. 17:16؛ 10:17

**دەھشەتلىك ۋەھشەت ئارقىلىق ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىلنى مىسىر**
**زېمىنىدىن چىقارغانسەن؛ 22 سەن ئۇلارغا ئاتا-بوۋىلىرىغا تەقدىم**
**قىلىمەن دەپ قەسەم قىلغان، سۈت ھەم بال ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ**
**زېمىننى تەقدىم قىلغانسەن. 23 ئۇلار دەرۋەقە زېمىنغا كىرىپ ئۇنىڭغا**
**ئىگە بولغان؛ لېكىن ئۇلار سېنىڭ ئاۋازىڭغا قۇلاق سالمىغان، تەۋرات-**
**قانۇنۇڭدا ماڭمىغان؛ ئۇلارغا ئەمر قىلغانلىرىڭ ھېچقايسىسىغا**
**ئەمەل قىلمىغان؛ شۇڭا سەن بۇ كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ**
**بېشىغا چۈشۈرگەنسەن. 24 مانا، شەھەرنى بېسىپ كىرىش ئۈچۈن**
**سېپىلغا سېلىپ چىقىرىلغان دۆڭلۈك-پوتەيلەرگە قارىغايسەن!**
**قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا تۈپەيلىدىن شەھەر ھۇجۇم قىلىۋاتقان**
**كالدىيلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلماي قالمايدۇ؛ سەن ئالدىنئالا**
**ئېيتقىنىڭ ھازىر ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ مانا، ئۆزۈڭ كۆرىسەن. 25 لېكىن**
**سەن، ئى رەب پەرۋەردىگار، گەرچە شەھەر كالدىيلەرنىڭ قولىغا**
**تاپشۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، ماڭا: «ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئېتىزنى كۈمۈشكە**
**سېتىۋال ۋە بۇنى گۇۋاھچىلارغا كۆرگۈزگىن!؟» ــ دېدىڭ».**

**26 ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەرەمىياغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ**
**27 مانا، مەن پەرۋەردىگار، بارلىق ئەت ئىگىلىرىنىڭ خۇداسىدۇرمەن؛**
**ماڭا تەس چۈشىدىغان بىرەر ئىش بارمىدۇ؟ 28 شۇڭا پەرۋەردىگار**

---

**21:32** مىس. 7:6؛ 2سام. 23:7؛ 1تار. 21:17

**25:32 «سەن، ئى رەب پەرۋەردىگار، گەرچە شەھەر كالدىيلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، ماڭا: «ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئېتىزنى كۈمۈشكە سېتىۋال ۋە بۇنى گۇۋاھچىلارغا كۆرگۈزگىن!؟» ــ دېدىڭ»** ــ مۇمكىنچىلىكى باركى، گەرچە پەرۋەردىگار يەرەمىيا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كۆپ قېتىم يەھۇداغا: «مەن سىلەرنى سۈرگۈن قىلدۇرىمەن» دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، يەرەمىيا يەنىلا: ««ئاخىرقى مىنۇتتا» يەھۇدانى بابىلدىن قۇتقۇزىدۇ» دەپ ئويلىدى.

**27:32 «ماڭا تەس چۈشىدىغان بىرەر ئىش بارمىدۇ؟»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ماڭا كارامەت چۈشىدىغان بىرەر ئىش بارمىدۇ؟».

**27:32** چۆل. 22:16

مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن بۇ شەھەرنى كالدىيلەرنىڭ قولىغا
ۋە بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛ ئۇلار
ئۇنى ئىگىلىۋالىدۇ. [29] بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان كالدىيلەر
ئۇنىڭغا بېسىپ كىرىپ ئوت قويۇپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؛ ئۇلار
شەھەردىكىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؛ ئۇلار بۇ ئۆيلەرنىڭ
ئۆگزىلىرى ئۈستىدە مېنى غەزەپلەندۈرۈپ بائالغا ئىسرىق ياققان،
يات ئىلاھلارغا شاراب ھەدىيەلىرىنى قۇيغان. [30] چۈنكى ئىسرائىللار
ۋە يەھۇدالار ياشلىقىدىن تارتىپ كۆز ئالدىمدا پەقەت رەزىللىكلا
قىلىپ كەلمەكتە؛ ئىسرائىللار پەقەتلا ئۆز قوللىرى ياسىغانلار بىلەن
غەزىپىمنى قوزغىغاندىن باشقا ئىش قىلمىغان، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[31] چۈنكى بۇ شەھەر قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە
مېنىڭ غەزىپىم ۋە قەھرىمنى شۇنداق قوزغىغۇچى بولۇپ كەلدىكى،
مەن ئۇنى ئۆز يۈزۈم ئالدىدىن يوقاتماسام بولمايدۇ. [32] ئىسرائىللار ۋە
يەھۇدالار ــ ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى، ئەمىرلىرى كاھىنلىرى،
پەيغەمبەرلىرى، يەھۇدا ئادەملىرى ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ
مېنى غەزەپلەندۈرگەن بارلىق رەزىللىكى تۈپەيلىدىن شەھەرنى
يوقىتىمەن. [33] ئۇلار ماڭا يۈزىنى قاراتقان ئەمەس، بەلكى ماڭا
ئارقىسىنى قىلىپ تەتۈر قارىغان؛ گەرچە مەن تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن
تۇرۇپ ئۇلارغا ئۆگەتكەن بولساممۇ، ئۇلار ئاڭلىماي تەلىم-تەربىيىنى
قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. [34] ئۇلار ئۆز نامىم بىلەن ئاتالغان
ئۆيدە يىرگىنچلىك بۇتلىرىنى سېلىپ ئۇنى بۇلغىغان؛ [35] ئۇلار ئۆز
ئوغۇل-قىزلىرىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈپ «مولەك»كە ئاتاپ قۇربانلىق

---

**29:32** يەر. 10:21

**30:32** **«ياشلىقىدىن تارتىپ...»** ــ بەلكىم ئىسرائىلنىڭ «ئەل بولغىنىدىن تارتىپ»، يەنى «مىسىردىن چىقىشتىن تارتىپ» دېگەن مەنىدە. بولمىسا «ئېتىزنى ئال» دېگەن سۆزنىڭ نېمە مەنىسى بار؟ جاۋاب تۆۋەندىكى ئايەتلەردە، ئەلۋەتتە. **«قوللىرى ياسىغانلار»** ــ دېگەن سۆزلەر ياكى ياسىغان بۇتلارنى ياكى يامان قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**33:32** يەر. 27:2؛ 13،24،25:7؛ 3:25؛ 5:26؛ 19:29

قىلىش ئۈچۈن «ھىننومنىڭ ئوغلىنىڭ جىلغىسى»دىكى، بائالغا
بېغىشلانغان «يۇقىرى جايلار»نى قۇرۇپ چىققان؛ مەن ئۇلارنىڭ
بۇنداق ئىش قىلىشىنى زادى بۇيرۇپ باقمىغانمەن؛ ئۇلارنىڭ يەھۇدانى
گۇناھقا پاتقۇزۇپ، مۇشۇنداق لەنەتلىك ئىش قىلسۇن دېگەن ئوي-
نىيەتتە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغانمەن.
[36] سىلەر مۇشۇ شەھەر توغرۇلۇق: «دەرھەقىقەت، ئۇ قىلىچ، قەھەتچىلىك
ۋە ۋابا ئارقىلىق بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ!» —
دەۋاتىسىلەر؛ لېكىن پەرۋەردىگار — ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇشۇ
شەھەر توغرۇلۇق ھازىر مۇنداق دەيدۇ: —
[37] مانا، مەن ئۇلارنى غەزىپىم، قەھرىم ۋە زور ئاچچىقىم بىلەن
ھەيدىۋەتكەن بارلىق پادىشاھلىقلاردىن يىغىمەن؛ مەن ئۇلارنى
قايتىدىن مۇشۇ يەرگە ئېپكېلىمەن، ئۇلارنى ئامان-تىنچلىقتا
تۇرغۇزىمەن. [38] ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى
بولىمەن. [39] مەن ئۇلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن بولغان بالىلىرىنى بارلىق
كۈنلىرىدە مەندىن ئەيمىنىپ ياخشىلىق كۆرسۇن دەپ، ئۇلارغا بىر
قەلب، بىر يولنى ئاتا قىلىمەن.
[40] مەن ئۇلارغا ئىلتىپات قىلىشتىن قولۇمنى ئىككىنچى ئۈزمەسلىكىم
ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مەڭگۈلۈك بىر ئەھدە تۈزىمەن؛ ئۇلارنىڭ قايتىدىن
يېنىمدىن چەتلىمەسلىكى ئۈچۈن مەن قەلبىگە قورقۇنچۇمنى
سالىمەن. [41] مەن ئۇلارغا ياخشىلىق ئاتا قىلىشتىن ھۇزۇر ئېلىپ
شادلىنىمەن ۋە پۈتۈن قەلبىم، پۈتۈن جېنىم بىلەن ئۇلارنى مۇشۇ
زېمىنغا تىكىپ تۇرغۇزىمەن!
[42] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — مەن خۇددى بۇ خەلقنىڭ بېشىغا

---

35:32 **«مولەك»** — ئاممونىيلارنىڭ چوقۇنغان بۇتى.

**35:32** يەر. 5:19

**37:32** يەر. 3:23؛ 14:29؛ 10:31

**38:32** يەر. 7:24؛ 22:30؛ 1،33:31

**41:32** يەر. 6:24؛ ئام. 15:9

بۇ دەھشەتلىك كۈلپەتنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرگىنىمدەك، مەن ئۇلار توغرۇلۇق ۋەدە قىلغان بارلىق بەخت-بەرىكەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرىمەن؛ [43] سىلەر مۇشۇ زېمىن توغرۇلۇق: «ئۇ ۋەيرانە، ئادەمزاتسىز ۋە ھايۋاناتسىزدۇر؛ كالدىيلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان!» دەيسىلەر. لېكىن كەلگۈسىدە ئۇنىڭدا ئېتىزلار قايتىدىن سېتىۋېلىنىدۇ!
[44] بىنيامىننىڭ يۇرتىدا، يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلىرىدا، يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىدە، جەنۇبتىكى تاغلىق شەھەرلىرىدە، غەربتىكى «شەفەلاھ» ئېگىزلىكىدىكى شەھەرلەردە، يەھۇدانىڭ جەنۇبىي باياۋانلىرىدىكى شەھەرلەردىمۇ كىشىلەر قايتىدىن كۈمۈشكە ئېتىزلارنى سېتىۋالىدۇ، توختام خەتلىرىگە ئىمزا قويىدۇ، مۆھۈرلەپ، گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھقا ھازىر قىلىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلارنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرىمەن ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## پەرۋەردىگار ئىسرائىل ۋە يەھۇدانى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، دەپ ئىككىنچى قېتىم ۋەدە قىلىدۇ

33 [1] يەرەمىيا تېخى قاراۋۇللارنىڭ ھويلىسىدا قاماپ قويۇلغان ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئىشنى قىلغۇچى مەن پەرۋەردىگار، ئىشنى شەكىللەندۈرگۈچى ھەم ئۇنى بېكىتكۈچى مەنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن ــ پەرۋەردىگار مېنىڭ نامىمدۇر ــ [3] ماڭا ئىلتىجا قىل، مەن ساڭا جاۋاب قايتۇرىمەن، شۇنداقلا سەن بىلمەيدىغان، بۈيۈك ھەم تىلسىمات ئىشلارنى ساڭا ئايان قىلىمەن. [4] چۈنكى دۈشمەننىڭ دۆڭ-پوتەيلىرىگە ھەم قىلىچىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئىستىھكاملار قىلىش ئۈچۈن چېقىلغان بۇ شەھەردىكى ئۆيلەر ۋە يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ ئوردىلىرى توغرۇلۇق

2:33 **«ئىشنى قىلغۇچى»** ــ نېمە ئىش ئىكەنلىكى بەلكىم كېيىنكى 4-26-ئايەتلەردە تەسۋىرلىنىدۇ.

**ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**5 «كالدىيلەر بىلەن قارشىلىشىمەن» دەپ شەھەرگە كىرگەنلەرنىڭ**
**ھەممىسى، پەقەت مەن غەزىپىم ۋە قەھرىمدە ئۇرۇۋەتكەنلەرنىڭ**
**جەسەتلىرى بىلەن بۇ ئۆيلەرنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلەر،**
**خالاس. چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىللىكى تۈپەيلىدىن**
**يۈزۈمنى بۇ شەھەردىن ئۆرۈپ يوشۇرغانمەن. 6 ھالبۇكى مانا، مەن**
**بۇ شەھەرگە شىپا قىلىپ دەردىگە دەرمان بولىمەن؛ مەن ئۇلارنى**
**ساقايتىمەن، ئۇلارغا چەكسىز ئارامبەخش ھەم ھەقىقەتنى يېشىپ**
**ئايان قىلىمەن. 7 مەن يەھۇدانى ھەم ئىسرائىلنى سۈرگۈندىن**
**قايتۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرىمەن؛ ئۇلارنى ئاۋۋالقىدەك قۇرۇپ چى**
**قىمەن. 8 مەن ئۇلارنى مەن بىلەن قارشىلىشىپ گۇناھقا پېتىپ**
**سادىر قىلغان بارلىق قەبىھلىكىدىن پاكلاندۇرىمەن، مېنىڭ**
**ئالدىمدا گۇناھقا پېتىپ، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بارلىق**
**قەبىھلىكلىرىنى كەچۈرىمەن؛ 9 يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر مەن**
**ئۇلارغا يەتكۈزگەن بارلىق ئىلتىپاتنى ئاڭلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ**
**شەھەر كىشىنى شادلاندۇرۇپ، ئۆزۈمگە مەدھىيەلەرنى قوزغاپ،**
**شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ نام-شۆھرەت ھاسىل قىلىدۇ؛ ئەللەر مەن**
**ئۇلارغا يەتكۈزگەن بارلىق ئىلتىپات ۋە ئارامبەخشلىكتىن مەندىن**
**قورقۇپ تىترەيدىغان بولىدۇ.**

---

5:33 **««كالدىيلەر بىلەن قارشىلىشىمەن» دەپ شەھەرگە كىرگەنلەر... پەقەت مەن غەزىپىم ۋە قەھرىمدە ئۇرۇۋەتكەنلەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن بۇ ئۆيلەرنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلەر، خالاس. ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىللىكى تۈپەيلىدىن يۈزۈمنى بۇ شەھەردىن ئۆرۈپ يوشۇرغانمەن»** ــ ئوقۇرمەنلەر ئايەتتىكى باشقا خىل تەرجىملەرنى ئۈچرىتىشى مۇمكىن. لېكىن ئومۇمىي مەنىسى تەرجىممىزنىڭكىدەك بولىدۇ.

6:33 **«ھالبۇكى مانا، مەن بۇ شەھەرگە شىپا قىلىپ دەردىگە دەرمان بولىمەن؛ مەن ئۇلارنى ساقايتىمەن، ...»** ــ شۈبھىسىزكى، خۇدا يەرەمىياغا ئېيتقان «بۈيۈك ھەم تىلسىمات ئىشلار» بۇ ئايەتتىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئېچىپ كۆرسىتىلىدۇ.

**7:33** يەر. 6:24؛ 4:31؛ 44:32

**8:33** يەر. 34:31

[10] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەر مۇشۇ يەر توغرۇلۇق: «ئۇ بىر
خارابىلىك، ئادەمزاتسىز ۋە ھايۋاناتسىز بولدى!» دەيسىلەر ــ دۇرۇس.
لېكىن خارابە بولغان، ئادەمزاتسىز، ئاھالىسىز، ھايۋاناتسىز بولغان
يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىدە ۋە يېرۇسالېم كوچىلىرىدا [11] يەنە تاماشىنىڭ
ساداسى، شاد-خۇراملىق ساداسى ۋە تويى بولۇۋاتقان يىگىت-قىزنىڭ
ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، شۇنداقلا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە «تەشەككۈر
قۇربانلىقلىرى»نى ئاپارغانلارنىڭ «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتىڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار
مېھرىباندۇر، ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر» دەيدىغان ئاۋازلىرى
قايتىدىن ئاڭلىنىدۇ؛ چۈنكى مەن سۈرگۈن بولغانلارنى قايتۇرۇپ
زېمىندىكى ئاۋاتلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[12] چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ خارابە بولغان ئادەمزاتسىز ۋە ھايۋاناتسىز بولغان بۇ يەردە
ۋە ئۇنىڭ بارلىق شەھەرلىرىدە قوي باققۇچىلارنىڭ ئۆز پادىلىرىنى
ياتقۇزىدىغان قوتانلىرى قايتىدىن بار بولىدۇ. [13] جەنۇبىي تاغلىقتىكى
شەھەرلەردە، غەربتىكى يەھۇدانىڭ «شەفەلاھ» ئېگىزلىكىدىكى
شەھەرلەردە، جەنۇبىي باياۋانلاردىكى شەھەرلەردە، بىنيامىننىڭ
يۇرتىدا، يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلىرىدا ۋە يەھۇدانىڭ
شەھەرلىرىدىمۇ قوي پادىلىرى ئۇلارنى سانىغۇچىنىڭ قولى ئاستىدىن
قايتىدىن ئۆتىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

---

**11:33** يەر. 34:7

12:33 **«خارابە بولغان ئادەمزاتسىز ۋە ھايۋاناتسىز بولغان بۇ يەردە ۋە ئۇنىڭ بارلىق شەھەرلىرىدە قوي باققۇچىلارنىڭ ئۆز پادىلىرىنى ياتقۇزىدىغان قوتانلىرى قايتىدىن بار بولىدۇ»** ــ 4-، 10- ۋە بۇ 12-ئايەتتە، پەرۋەردىگار يەرەمىياغا «سەن بىلىپ باقمىغان ھەم بۈيۈك ھەم تىلسىمات ئىشلارنى ساڭا كۆرسىتىمەن» دېگەن ۋەدىسى بويىچە، كەلگۈسى زاماندا كارامەت ئىشلارنى كۆرسىتىدىغان ئۈچ بېشارەت بىزگە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

13:33 **«سانىغۇچىنىڭ قولى ئاستىدىن ئۆتۈش»** ــ بەلكىم قويلار قوتانغا قايتىپ كىرگەندە، ئۇلاردىن ھېچقايسىسىنىڭ كەم قالماسلىقى ئۈچۈن تەكشۈرۈلۈشتۇر.

[14] مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن ئىسرائىل
جەمەتىگە ھەم يەھۇدا جەمەتىگە ئېيتقان شەپقەتلىك ۋەدەمگە ئەمەل
قىلىمەن.
[15] شۇ كۈنلەر ۋە ئۇ چاغدا مەن داۋۇت نەسلىدىن «ھەققانىي
شاخ»نى زېمىندا ئۆستۈرۈپ چىقىرىمەن؛ ئۇ زېمىندا توغرا ھۆكۈم
ۋە ھەققانىيلىق يۈرگۈزىدۇ. [16] شۇ كۈنلەردە يەھۇدا قۇتقۇزۇلىدۇ،
يېرۇسالېم ئارامبەخشتە تۇرىدۇ؛ شۇ چاغدا يېرۇسالېم: «پەرۋەردىگار
ھەققانىيلىقىمىزدۇر» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
[17] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ داۋۇتنىڭ ئىسرائىل جەمەتىنىڭ
تەختىگە ئولتۇرۇشقا لايىق نەسلى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، [18] ياكى لاۋىيلاردىن
بولغان كاھىنلاردىن، كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە
باشقا قۇربانلىقلارنى مېنىڭ ئالدىمدا دائىم سۇنىدىغان ئادەم ئۈزۈلۈپ
قالمايدۇ.
[19] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەرەمىياغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[20] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەر مېنىڭ كۈندۈز بىلەن تۈزگەن
ئەھدەمنى ۋە كېچە بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى بۇزۇپ، كۈندۈز ۋە كېچىنى
ئۆز ۋاقتىدا كەلمەيدىغان قىلىپ قويساڭلار، [21] شۇ چاغدا مېنىڭ قۇلۇم
داۋۇت بىلەن تۈزگەن ئەھدەم بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا: «ئۆز تەختىڭگە ھۆكۈم
سۈرىدىغان بىر ئوغلۇڭ دائىم بولىدۇ» دېگىنىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ
ۋە خىزمەتكارلىرىم، كاھىنلار بولغان لاۋىيلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەم
بۇزۇلغان بولىدۇ. [22] ئاسمانلاردىكى قوشۇنلار بولغان يۇلتۇزلارنى ساناپ
بولغىلى بولمىغاندەك، دېڭىزدىكى قۇملارنى ئۆلچەپ بولغىلى

---

**14:33** يەر. 10:29

15:33 **«... ئۇ چاغدا مەن داۋۇت نەسلىدىن «ھەققانىي شاخ»نى زېمىندا ئۆستۈرۈپ چىقىرىمەن...»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا داۋۇت پادىشاھ-پەيغەمبەرگە: «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» سېنىڭ نەسلىڭدىن چىقىدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەن («2سام.»، 7-بابنى، زەبۇردىكى 18-، 45- ۋە 72-كۈيلەرنى ھەم مەزكۇر كىتاب 5:23نىمۇ كۆرۈڭ).

**15:33** يەر. 5:23

**18:33** يەر. 26:17

بولمىغاندەك، مەن قۇلۇم داۋۇتنىڭ نەسلىنى ۋە ئۆزۈمگە خىزمەت
قىلىدىغان لاۋىيلارنى كۆپەيتىمەن.

23 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەرەمىياغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
24 بۇ خەلقنىڭ: «پەرۋەردىگار ئۆزى تاللىغان بۇ ئىككى جەمەتتىن ۋاز
كېچىپ، ئۇلارنى تاشلىدى» دېگىنىنى بايقىمىدىڭمۇ؟ شۇڭا ئۇلار
مېنىڭ خەلقىمنى: «كەلگۈسىدە ھېچ بىر ئەل-دۆلەت بولمايدۇ»
دەپ كۆزگە ئىلمايدۇ. 25 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مېنىڭ كۈندۈز
ۋە كېچىنى بېكىتكەن ئەھدەم ئۆزگىرىپ كەتسە، ياكى ئاسمان-
زېمىندىكى قانۇنىيەتلەرنى بېكىتمىگەن بولسام، 26 مەن ياقۇپنىڭ
نەسلىدىن ۋە داۋۇتنىڭ نەسلىدىن ۋاز كېچىپ ئۇلارنى تاشلايدىغان
بولىمەن، شۇنىڭدەك ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ نەسلى ئۈستىگە
ھۆكۈم سۈرۈش ئۈچۈن داۋۇتنىڭ نەسلىدىن ئادەم تاللىمايدىغان
بولىمەن! چۈنكى بەرھەق، مەن ئۇلارنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرۇپ
ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، ئۇلارغا رەھىمدىللىق كۆرسىتىمەن.

## پەرۋەردىگار زەدەكىياغا شۇم خەۋەر يەتكۈزىدۇ

34 1 بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار، پۈتۈن قوشۇنى ۋە
ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىنغان بارلىق پادىشاھلىقلار ۋە ئەللەرنىڭ
ھەممىسى يېرۇسالېمغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق شەھەرلەرگە

---

24:33 **«پەرۋەردىگار ئۆزى تاللىغان بۇ ئىككى جەمەتتىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى تاشلىدى...»** ــ «ئىككى جەمەت» شۈبھىسىزكى، ئىسرائىل ۋە يەھۇدانى، يەنى خۇدانىڭ پۈتۈن خەلقىنى كۆرسىتىدۇ؛ دېمەك، پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى ئۆزىنىڭ كېلەچىكى توغرۇلۇق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن. بەزى ئالىملار «ئىككى جەمەت» «داۋۇت جەمەتى ھەم لاۋىي جەمەتى»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ لېكىن بىزنىڭچە كېيىنكى «مېنىڭ خەلقىمنى ... كۆزگە ئىلمايدۇ» دېگەن ئىبارە ھەم 25-، 26-ئايەتلەر «ياقۇپنىڭ نەسلى»نى، يەنى خۇدانىڭ پۈتۈن خەلقى (ئىسرائىل ۋە يەھۇدا) نى كۆرسەتكەچكە، 24-ئايەتمۇ پۈتۈن خەلقنى كۆرسىتىشى كېرەك.

**26:33** يەر. 20:31

جەڭ قىلغان ۋاقتىدا، پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا كەلگەن سۆز: ــ
[2] ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ زەدەكىيانىڭ
يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ مانا، بۇ شەھەرنى بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن، ئۇ
ئۇنىڭغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتىدۇ. [3] سەن بولساڭ، ئۇنىڭ قولىدىن
قاچالمايسەن؛ بەلكى سەن تۇتۇلۇپ ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىسەن؛
سېنىڭ كۆزلىرىڭ بابىل پادىشاھىنىڭ كۆزلىرىگە قارايدۇ، ئۇنىڭ
بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىسەن ۋە سەن بابىلغا سۈرگۈن بولۇپ
كېتىسەن.
[4] لېكىن، ئى يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيا، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا؛
پەرۋەردىگار سېنىڭ توغراڭدا مۇنداق دەيدۇ: ــ سەن قىلىچ بىلەن
ئۆلمەيسەن؛ [5] سەن ئامان-تىنچلىقتا ئۆلىسەن؛ ئاتا-بوۋىلىرىڭ بولغان
ئۆزۈڭدىن ئىلگىرىكى پادىشاھلار ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ خۇشبۇي
ياققاندەك ئۇلار ئوخشاشلا سەن ئۈچۈنمۇ خۇشبۇي ياقىدۇ؛ ئۇلار سەن
ئۈچۈن: «ئاھ، شاھىم!» دەپ ماتەم تۇتىدۇ؛ چۈنكى مەن شۇنداق ۋەدە
قىلغانمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[6] ئاندىن يەرەمىيا پەيغەمبەر بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى يەھۇدا
پادىشاھى زەدەكىياغا يېرۇسالېمدا ئېيتتى. [7] شۇ چاغدا بابىل
پادىشاھىنىڭ قوشۇنى يېرۇسالېمدا ۋە يەھۇدادىكى قالغان
شەھەرلەردە، يەنى لاقىشتا ۋە ئازىكاھتا جەڭ قىلىۋاتاتتى؛ چۈنكى
يەھۇدادىكى مۇستەھكەم شەھەرلەر ئارىسىدىن پەقەت بۇلارلا ئىشغال
بولمىغانىدى.

**1:34** 2پاد. 25؛ يەر. 52

**2:34** يەر. 10:21؛ 29:32

**3:34** يەر. 4:32

5:34 **«سەن ئۈچۈن خۇشبۇي ياقىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا سۆزمۇسۆز بولسا «سەن ئۈچۈن كۆيدۈرىدۇ» دېگەنلىكتۇر. خەقلەرنىڭ كۆيدۈرگىنى بولسا، بىزنىڭچە خۇشبۇي بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە تەۋرات ھەم ئىنجىلدا ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربانلىق-ھەدىيە، نەزىر-چىراغنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، دەپ كۆرستىلىدۇ.

## ئۆز قۇللىرىغا ئۇۋال قىلغانلارغا ئاگاھ بېرىش

[8]پادىشاھ زەدەكىيا قۇللىرىمىزغا ئازادلىق جاكارلايلى دەپ
يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئەھدىنى كېسىپ
تۈزگەندىن كېيىن، پەرۋەردىگاردىن تۆۋەندىكى بۇ سۆز يەرەمىياغا
كەلدى [9](ئەھدە بويىچە ھەربىرى ئۆز ئىبرانىي قۇللىرىنى،
ئەر بولسۇن، قىز-ئايال بولسۇن، قويۇۋېتىشى كېرەك ئىدى؛
ھېچقايسىسى ئۆز قېرىندىشى بولغان يەھۇدىينى قۇللۇقتا
قالدۇرماسلىقى كېرەك ئىدى. [10]ئەھدىگە قوشۇلغان بارلىق
ئەمىرلەر ۋە بارلىق خەلق شۇنىڭغا، يەنى ھەرقايسىمىز ئۆز قۇلى
ياكى دېدىكىنى قويۇۋېتەيلى، ئۇلارنى قۇللۇقتا قالدۇرۇۋەرمەيلى
دېگەن سۆزگە بويسۇندى. ئۇلار بويسۇنۇپ ئۇلارنى قويۇۋەتتى.
[11]لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بۇ يولدىن يېنىپ قويۇۋەتكەن قۇل-
دېدەكلەرنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋالدى. ئۇلار بۇلارنى قايتىدىن مەجبۇرىي
قۇل-دېدەك قىلىۋالدى).

---

8:34 **«ئەھدىنى كېسىپ تۈزۈش»** — كونا زامانلاردا ئىككى تەرەپ بىر-بىرى بىلەن ئەھدە تۈزمەكچى بولسا، ئاۋۋال كالا ياكى قوينى سويۇپ، نىمتە (ئىككى پارچە) قىلىپ پارچىلايتتى؛ ئاندىن ئىككى تەرەپ سويۇپ ئىككى پارچە قىلغان مالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تەڭ ئۆتۈپ بىر-بىرىگە قەسەم قىلاتتى. بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى بەلكىم: «قايسىمىز ئەھدىنى بۇزساق، خۇدا ئۇنى بۇ سويغان مالغا ئوخشاش قىلسۇن!» دېمەكلىكتۇر. 18-20-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

**8:34** مىس. 2:21

9:34 **«ئەھدە بويىچە ھەربىرى ئۆز ئىبرانىي قۇللىرىنى، ... قويۇۋېتىشى كېرەك ئىدى؛ ھېچقايسىسى ئۆز قېرىندىشى بولغان يەھۇدىينى قۇللۇقتا قالدۇرماسلىقى كېرەك ئىدى»** — مۆمكىنچىلىكى باركى، بۇ ئەھدە پەقەت بۇ ئەمىرلەرگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تۈزۈلگەنىدى. قەھەتچىلىك بولغان ۋاقىتتا، ئۆز قۇللىرىغا ئۆزۈق بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ، قۇللىرىنى كەتكۈزۈۋېتەتتى.

11:34 **«لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بۇ يولدىن يېنىپ قويۇۋەتكەن قۇل-دېدەكلەرنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋالدى... قۇل-دېدەك قىلىۋالدى»** — بۇ ۋەقە بابىلنىڭ قوشۇنى يېرۇسالېمنى قورشىۋېلىشتىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىپ مىسىر بىلەن جەڭ قىلىشقا كەتكەن ۋاقىتتا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمىرلەر ۋە خەلق بەلكىم خەتەرلىك پەيت بىزدىن ئۆتۈپ كەتتى، خۇدادىن قورقۇۋېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، دېيىشى مۇمكىن ئىدى. 21-22-ئايەتلەرنى 35-باب، 5-7-ئايەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

[12] — شۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەرەمىياغا كېلىپ مۇنداق
دېگەندە: —
[13] ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — مەن ئاتا-
بوۋىلىرىڭلارنى مىسىرنىڭ زېمىنىدىن، يەنى «قۇللۇق ئۆيى»دىن
چىقارغىنىمدا، ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزگەنىدىم؛ [14] شۇ ئەھدە بويىچە
ھەربىرىڭلار يەتتىنچى يىلىدا سىلەرگە ئۆزىنى ساتقان ھەرقايسى
قېرىنداشىڭلار بولغان ئىبرانىي كىشىلەرنى قويۇۋېتىشىڭلار
كېرەك؛ ئۇ قۇللۇقۇڭدا ئالتە يىل بولغاندىن كېيىن، سەن ئۇنى
ئازادلىققا قويۇۋېتىشىڭ كېرەك، دېگەنىدىم. لېكىن ئاتا-بوۋىلىرىڭلار
بۇنى ئاڭلىماي ھېچ قۇلاق سالمىغان. [15] لېكىن سىلەر بولساڭلار، شۇ
يامان يولدىن يېنىپ، كۆز ئالدىمدا دۇرۇس ئىشنى كۆرۈپ، ھەربىرىڭلار
ئۆز يېقىنىغا «ئازاد بول» دەپ جاكارلىدىڭلار، شۇنىڭدەك ئۆز نامىم
بىلەن ئاتالغان ئۆيدە ئەھدە تۈزۈدىڭلار؛ [16] لېكىن سىلەر يەنە يېنىپ
مېنىڭ نامىمغا داغ كەلتۈرۈپ، ھەربىرىڭلار ئۆز رايىغا قويۇۋەتكەن
قۇلنى ھەم ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن دېدەكنى قايتۇرۇۋېلىپ قايتىدىن
ئۆزۈڭلارغا قۇل-دېدەك بولۇشقا مەجبۇرلىدىڭلار.
[17] شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — سىلەر ماڭا قۇلاق سالمىدىڭلار،
ھەربىرىڭلار ئۆز قېرىنداشىڭلارغا، ھەربىرىڭلار ئۆز يېقىنىڭلارغا
ئازاد بولۇڭلار دەپ ھېچ جاكارلىمىدىڭلار؛ مانا، مەن سىلەرگە
بىر خىل ئازادلىقنى — يەنى قىلىچقا، ۋاباغا ۋە قەھەتچىلىككە
بولغان بىر ئازادلىقنى جاكارلايمەن؛ سىلەرنى يەر يۈزىدىكى بارلىق
پادىشاھلىقلارغا بىر ۋەھشەت باسقۇچى قىلىمەن. [18] شۇنىڭ بىلەن
مەن ئەھدەمنى بۇزغان، كۆز ئالدىمدا كېسىپ تۈزگەن ئەھدىنىڭ
سۆزلىرىگە ئەمەل قىلمىغان كىشىلەرنى بولسا، ئۇلار ئۆزلىرى سويۇپ
ئىككى پارچە قىلىپ، ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن ھېلىقى موزايدەك
قىلىمەن؛ [19] يەھۇدانىڭ ئەمىرلىرى ۋە يېرۇسالېمنىڭ ئەمىرلىرى،

**14:34** مىس. 2:21؛ قان. 12:15

**17:34** قان. 25:28؛ يەر. 4:15؛ 9،10:24

ئوردىدىكى ئەلەمدارلار، كاھىنلار، شۇنىڭدەك موزاينىڭ ئىككى پارچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن بارلىق خەلقنى بولسا، [20] مەن ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا، جېنىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن جەسەتلىرى ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا ۋە زېمىندىكى ھايۋانلارغا ئوزۇق بولىدۇ؛ [21] يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيا ۋە ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنىمۇ دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا، جېنىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قولىغا، شۇنداقلا سىلەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن چېكىنىپ تۇرغان بابىل پادىشاھىنىڭ قوشۇنىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن. [22] مانا، مەن ئەمر قىلىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ۋە ئۇلار بۇ شەھەر ئالدىغا يەنە كېلىدۇ؛ ئۇلار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؛ ۋە مەن يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيرانە، ھېچ ئادەمزاتسىز قىلىمەن.

## يەھۇدانىڭ ۋاپاسىزلىقى، رەكابىيلارنىڭ ۋاپادارلىقى

35 [1] يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئوغلى يەھوئاكىمنىڭ كۈنلىرىدە، پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا سۆز كېلىپ: ــ
[2] «رەكابنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئۇنىڭ كىچىك ئۆيلىرىنىڭ بىرىگە تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا شاراب تۇتقىن» ــ دېيىلدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن مەن خاباززىنىيانىڭ نەۋرىسى، يەرەمىيانىڭ ئوغلى جائازانىيانى، ئۇنىڭ ئۇكىلىرىنى ۋە بارلىق بالا-چاقىلىرىنى، شۇنىڭدەك رەكابنىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى ئېلىپ كېلىشكە چىقتىم؛
[4] مەن ئۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە، ئىگدالىيانىڭ ئوغلى،

**20:34** يەر. 7:33؛ 16:4؛ 19:7

**21:34** يەر. 37:11

1:35 **«يەھوئاكىمنىڭ كۈنلىرىدە»** ــ بۇ ۋەقە زەدەكىيا پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتتا، يەنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بېشارەتلەردىن ئىلگىرى بولغانىدى، ئەلۋەتتە.

خۇدانىڭ ئادىمى بولغان ھانانىنىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋەلىك ئۆيگە
ئاپاردىم؛ بۇ ئۆي ئەمىرلەرنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا، شاللۇمنىڭ ئوغلى،
ئىشىكباقار مائاسېياھنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىدە ئىدى؛ 5 مەن رەكابنىڭ
جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا شارابقا لىق تولغان پىيالىلەر ۋە
قەدەھلەرنى قويۇپ ئۇلارغا: «شارابقا ئېغىز تېگىڭلار!» ــ دېدىم.
6 ئۇلار ماڭا مۇنداق دېدى: «بىز شارابنى ئىچمەيمىز؛ چۈنكى ئەجدادىمىز
رەكابنىڭ ئوغلى يوناداب بىزگە: «سىلەر ۋە ئوغۇل-ئەۋلادلىرىڭلار
زادى شاراب ئىچمەڭلار؛ 7 يەنە كېلىپ ئۆيلەرنى قۇرماڭلار، نە ئۇرۇق
تېرىماڭلار، نە ئۈزۈمزارلارنى تىكمەڭلار، نە بۇلاردىن ھېچقايسىسىغا
زادى ئىگە بولماڭلار؛ بارلىق كۈنلىرىڭلاردا چېدىرلاردا تۇرۇڭلار؛ شۇنىڭ
بىلەن سىلەر تۇرۇۋاتقان زېمىندا ئۇزۇن كۈنلەرنى كۆرىسىلەر» ــ دەپ
ئەمر قالدۇرغان.
8 شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئەجدادىمىز رەكابنىڭ ئوغلى يونادابنىڭ:
«بارلىق كۈنۈڭلەردە زادى شاراب ئىچمەڭلار» دېگەن ئاۋازىغا قۇلاق
سېلىپ، بىز ۋە بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ھەم ئوغۇل-قىزلىرىمىز ئۇنىڭ
ئەمرىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ كەلگەنمىز؛ 9 بىز يەنە تۇرغۇدەك
ئۆيلەرنى سالمىغان؛ بىزدە ھېچ ئۈزۈمزار، ئېتىز، ئۇرۇق دېگەنلەر يوق؛
10 بەلكى بىز چېدىرلاردا تۇرۇپ كەلدۇق، ئەجدادىمىز يونادابنىڭ بىزگە
بارلىق ئەمر قىلغانلىرىغا ئەمەل قىلىپ كەلدۇق.
11 لېكىن بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار زېمىنغا بېسىپ كىرگەندە،
شۇنداق ئىش بولدىكى، بىز: «بارايلى، كالدىيلەرنىڭ قوشۇنى ھەم
سۇرىيەنىڭ قوشۇنىدىن قېچىپ يېرۇسالېم شەھىرىگە كىرەيلى» ــ
دېدۇق. مانا شۇ سەۋەبتىن يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتىمىز».
12 ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەرەمىياغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ

---

10:35 **«بىز چېدىرلاردا تۇرۇپ كەلدۇق، ئەجدادىمىز يونادابنىڭ بىزگە بارلىق ئەمر قىلغانلىرىغا ئەمەل قىلىپ كەلدۇق»** ــ جەمئىي بولۇپ 250 يىللىق مەزگىل ئىچىدە. «رەكابنىڭ ئوغلى يوناداب» بەلكىم «2پاد.» 15:10دە تىلغا ئېلىنغان «رەكابنىڭ ئوغلى يەھوناداب» بولۇشى مۇمكىن.

[13] «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ بارغىن، يەھۇدادىكىلەر ۋە يېرۇسالېمدا
تۇرۇۋاتقانلارغا مۇنداق دېگىن: ــ بۇنىڭدىن تەربىيە ئالماسسىلەر،
شۇنىڭدەك مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سالماسسىلەر؟ ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار. [14] ــ مانا، رەكابنىڭ ئوغلى يونادابنىڭ ئوغۇل-
پەرزەنتلىرىگە «شاراب ئىچمەڭلار» دەپ تاپىلىغان سۆزلىرىگە ئەمەل
قىلىنىپ كەلگەن؛ بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇلار ھېچ شاراب ئىچىپ
باقمىغان، چۈنكى ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان.
لېكىن مەن تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىلەرگە سۆز قىلىپ
كەلگەن بولساممۇ، سىلەر ماڭا ھېچ قۇلاق سالمىغانسىلەر. [15] مەن
تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ قۇللىرىم بولغان پەيغەمبەرلەرنى
ئەۋەتىپ: «ھەربىرىڭلار ھازىر ئۆز رەزىل يولۇڭلاردىن يېنىپ،
قىلمىشىڭلارنى تۈزىتىڭلار، باشقا ئىلاھلارغا ئەگىشىپ چوقۇنماڭلار؛
شۇنداق قىلساڭلار مەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا تەقدىم قىلغان زېمىندا
تۇرۇۋېرىسىلەر» دەپ كەلگەنمەن؛ لېكىن سىلەر ماڭا قۇلاق سالماي
ھېچ ئاڭلىمىغانسىلەر. [16] بەرھەق، رەكابنىڭ ئوغلى يونادابنىڭ
ئەۋلادلىرى ئاتىسىنىڭ ئۇلارغا تاپىلىغان ئەمرىگە ئەمەل قىلغان؛
لېكىن بۇ خەلق ماڭا ھېچ قۇلاق سالمىغاندۇر. [17] شۇڭا ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن يەھۇدانىڭ ئۈستىگە ھەم يېرۇسالېمنىڭ
ئۈستىگە مەن ئالدىنئالا ئېيتقان بارلىق بالايىئاپەتنى چۈشۈرىمەن؛
چۈنكى مەن ئۇلارغا سۆز قىلغان، لېكىن ئۇلار ئاڭلىمىغان؛ مەن ئۇلارنى
چاقىرغان، لېكىن ئۇلار جاۋاب بەرمىگەن».
[18] ئاندىن يەرەمىيا رەكاب جەمەتىگە مۇنداق دېدى: ــ ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى
مۇنداق دەيدۇ: ــ چۈنكى سىلەر ئاتاڭلار يونادابنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت

**14:35** يەر. 7:11؛ 3:25؛ 5:26؛ 19:29؛ 33:32

**15:35** يەر. 11:18؛ 5:25

قىلىپ، بارلىق يولىيورۇقلىرىنى تۇتۇپ، سىلەرگە تاپىلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلگەنسىلەر، ــ [19] ئەمدى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ رەكابنىڭ ئوغلى يونادابنىڭ نەسلىدىن ئالدىمدا خىزمەت قىلغۇچى ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

## پادىشاھ يەھوئاكىم بېشارەت خاتىرىلەنگەن ئورام يازمىنى كۆيدۈرىدۇ

36 [1] يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئوغلى يەھوئاكىمنىڭ تۆتىنچى
يىلى، يەرەمىياغا پەرۋەردىگاردىن تۆۋەندىكى سۆز كەلدى: ــ
[2] ئۆزۈڭگە ئورام قەغەز ئالغىن؛ ئۇنىڭغا يوسىيانىڭ كۈنلىرىدە ساڭا سۆز قىلغىنىمدىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە مەن ئىسرائىلنى ئەيىبلىگەن، يەھۇدانى ئەيىبلىگەن ھەم بارلىق ئەللەرنى ئەيىبلىگەن، ساڭا ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى يازغىن. [3] يەھۇدانىڭ جەمەتى بەلكىم مەن بېشىغا چۈشۈرمەكچى بولغان بارلىق بالايىئاپەتنى ئاڭلاپ، ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ رەزىل يولىدىن يانارمىكىن؛ ئۇلار شۇنداق قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى ۋە گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىمەن.
[4] شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇقنى چاقىردى؛ بارۇق يەرەمىيانىڭ ئاغزىدىن چىققانلىرىنى ئاڭلاپ پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ئورام قەغەزگە يېزىپ بەردى.
[5] يەرەمىيا بارۇققا تاپىلاپ مۇنداق دېدى: ــ ئۆزۈم قاماپ قويۇلغانمەن؛

19:35 **«رەكابنىڭ ئوغلى يونادابنىڭ نەسلىدىن ئالدىمدا خىزمەت قىلغۇچى ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ»** ــ ئۇلارنىڭ خۇدا ئالدىدا نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقى مۇقەددەس كىتابتا خاتىرىلەنگەن ئەمەس؛ ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ كېيىنكى خاتىرىلىرى بويىچە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىبادەتخانىدا قۇربانگاھتا ئوت ئۆچۈپ ئۆتۈپ ئېلىپ بېرىش خىزمىتى بار ئىدى. رەكابىيلار توغرۇلۇق يەنە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
**2:36** يەش. 8:1؛ يەر. 2:30

**پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىشىمگە رۇخسەت يوق؛ لېكىن ئۆزۈڭ
بېرىپ كىرگىن؛ 6 پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە روزا تۇتقان بىر كۈندە،
سەن ئاغزىمدىن چىققانلىرىنى ئاڭلاپ يازغان، پەرۋەردىگارنىڭ بۇ
ئورام يازمىدا خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىنى خەلقنىڭ قۇلاقلىرىغا
يەتكۈزگىن؛ ھەممە شەھەرلەردىن كەلگەن يەھۇدادىكىلەرنىڭ
قۇلىقىغىمۇ يەتكۈزگىن. 7 ئۇلار بەلكىم پەرۋەردىگار ئالدىغا دۇئا-
تىلاۋىتىنى قىلىپ ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ رەزىل يولىدىن يانارمىكىن؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ بۇ خەلققە ئاگاھلاندۇرغان غەزىپى ۋە قەھرى
دەھشەتلىكتۇر. 8 نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇق يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۇنىڭغا
تاپىلىغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى بۇ يازمىدىن ئوقۇپ جاكارلىدى.
9 يەھۇدا پادىشاھى يوسىيانىڭ ئوغلى يەھوئاكىم تەختكە
ئولتۇرغان بەشىنچى يىلى توققۇزىنچى ئايدا شۇنداق بولدىكى،
بارلىق يېرۇسالېمدىكىلەر ھەمدە يەھۇدا شەھەرلىرىدىن چىقىپ
يېرۇسالېمغا كەلگەن بارلىق خەلق ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئالدىدا بىر
مەزگىل روزا تۇتۇشىمىز كېرەك دەپ ئېلان قىلىندى. 10 شۇ ۋاقىت
بارۇق پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، پۈتۈكچى شافاننىڭ ئوغلى
گەمارىيانىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، يازمىدىن يەرەمىيانىڭ سۆزلىرىنى
بارلىق خەلقنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇدى؛ بۇ ئۆي پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىنىڭ يۇقىرىقى ھويلىسىدىكى «يېڭى دەرۋازا»غا جايلاشقانىدى.**

---

**8:36 «نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇق يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۇنىڭغا تاپىلىغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى بۇ يازمىدىن ئوقۇپ جاكارلىدى»** — بارۇقنىڭ چوڭ ئاتىسى مائاسېياھ يېرۇسالېمنىڭ شەھەر باشلىقى بولغانىدى (12:32نى ھەم «2تار.» 8:34نى كۆرۈڭ). ئۇ مۇشۇ ئىشنى قىلغاندا بەلكىم ئۆزىنىڭ جېنىنى ۋە كېلەچىكىنى تەۋەككۇل قىلغان. ئۇنىڭ يەرەمىياغا ھەمراھ بولۇشىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن 45-بابنى كۆرۈڭ.

**10:36 «پۈتۈكچى شافان»** — شافان توغرۇلۇق «1پاد.» 22-بابنى كۆرۈڭ. **«يۇقىرىقى ھويلا»** — بولسا «1پاد.» 36:6 ھەم 12:7دە «ئىچكى ھويلا» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. «يېڭى دەرۋازا» «يەر.» 10:26دە تىلغا ئېلىنغان. شۈبھىسىزكى، باروق شۇ يەردە تۇرۇپ يەرەمىيانىڭ

[11] شافاننىڭ نەۋرىسى، گەمارىيانىڭ ئوغلى مىكاھ بولسا يازمىدىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىگە قۇلاق سالدى. [12] ئاندىن ئۇ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپ پۈتۈكچىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋىدى، مانا، ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئولتۇراتتى؛ پۈتۈكچى ئەلىشاما، شېمايانىڭ ئوغلى دېلايا، ئاكبورنىڭ ئوغلى ئەلناتان، شافاننىڭ ئوغلى گەمارىيا ۋە ھانانىيانىڭ ئوغلى زەدەكىيا قاتارلىق بارلىق ئەمىرلەر شۇ يەردە ئولتۇراتتى. [13] شۇنىڭ بىلەن مىكاھ بارۇقنىڭ يازمىدىن ئوقۇپ خەلقنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزگىنىدە ئۆزى ئاڭلىغان بارلىق سۆزلەرنى ئۇلارغا بايان قىلدى. [14] شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەمىرلەر كۇشىنىڭ چەۋرىسى، شەلەمىيانىڭ ئەۋرىسى، نەتانىيانىڭ ئوغلى يەھۇدىنى بارۇقنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: «سەن خەلقنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇغان ئورام يازمىنى قولۇڭغا ئېلىپ يېنىمىزغا كەل» — دېدى. شۇنىڭ بىلەن نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇق ئورام يازمىنى قولىغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. [15] ئۇلار ئۇنىڭغا: «ئولتۇر، ئۇنى قۇلىقىمىزغا يەتكۈزۈپ ئوقۇپ بەر» — دېدى. بارۇق ئۇنى ئۇلارغا ئاڭلىتىپ ئوقۇدى.

[16] شۇنداق بولدىكى، ئۇلار بارلىق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ئالاقزادە بولۇپ بىر-بىرىگە قارىشىپ: «بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا يەتكۈزمىسەك بولمايدۇ» — دېدى. [17] ئاندىن بارۇقتىن: «بىزگە دېگىن ئەمدى، سەن بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قانداق يازدىڭ؟ ئۇلارنى يەرەمىيانىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىڭمۇ؟» — دەپ سورىدى.
[18] بارۇق ئۇلارغا: «ئۇ بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا ئېيتتى، مەن ئورام قەغەزگە سىياھ بىلەن يازدىم» — دېدى.
[19] ئەمىرلەر بارۇققا: «بارغىن، سەن ۋە يەرەمىيا مۆكۈۋېلىڭلار. قەيەردە بولساڭلار ھېچكىمگە بىلدۈرمەڭلار» — دېدى. [20] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

---

سۆزىنى ئوقۇيتتى، بارلىق خەلق ئاڭلىيالايتتى.

ئورام يازمىنى پۈتۈكچى ئەلىشامانىڭ ئۆيىگە تىقىپ قويۇپ، ئوردىغا كىرىپ پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ بارلىق سۆزلەرنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى.
[21] پادىشاھ يەھۇدىنى يازمىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ئۇ ئۇنى ئەلىشامانىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلدى. يەھۇدى ئۇنى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا ۋە پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرغان بارلىق ئەمىرلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇدى. [22] شۇ چاغ توققۇزىنچى ئاي بولۇپ، پادىشاھ «قىشلىق ئۆي»دە ئولتۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئوچاقتا ئوت قالاقلىق ئىدى. [23] شۇنداق بولدىكى، يەھۇدى ئۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت سەھىپىنى ئوقۇغاندا، پادىشاھ قەلەمتىراشى بىلەن بۇ قىسمىنى كېسىپ، يازمىنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئوتتا كۆيۈپ يوقىغۇچە ئوچاقتىكى ئوتقا تاشلىدى. [24] لېكىن بۇ بارلىق سۆزلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ياكى خىزمەتكارلىرىنىڭ ھېچقايسىسى قورقمىدى، ئۇلاردىن كىيىم-كېچەكلىرىنى يىرتقانلار يوق ئىدى. [25] ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلناتان، دېلايا ۋە گەمارىيالار پادىشاھتىن ئورام يازمىنى كۆيدۈرمەسلىكىنى ئۆتۈنگەندى، لېكىن ئۇ ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى. [26] پادىشاھ بولسا شاھزادە يېراھمىيەل، ئازرىئەلنىڭ ئوغلى سېرايا ۋە ئابدەئەلنىڭ ئوغلى شەلەمىيانى پۈتۈكچى بارۇقنى ۋە يەرەمىيا پەيغەمبەرنى قولغا ئېلىشقا ئەۋەتتى؛ لېكىن پەرۋەردىگار ئۇلارنى يوشۇرۇپ ساقلىدى.

## ئىككىنچى ئورام يازما

[27] پادىشاھ بارۇق يەرەمىيانىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ يازغان سۆزلەرنى خاتىرىلىگەن ئورام يازمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەرەمىياغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[28] يەنە بىر ئورام قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىم

---

23:36 **«قەلەمتىراش بىلەن كېسىش»** ــ ئادەتتە بۇ سايمانىنى دىۋانبېگى ياكى پۈتۈكچى «ئورام يازمىلار»نى ياساپ تەييارلاشقا ئىشلىتەتتى. مۇشۇ يەردە ئەكسىچە قىممەتلىك بىر ئورام يازمىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

كۆيدۈرۈۋەتكەن بىرىنچى ئورام يازمىدا خاتىرىلەنگەن بارلىق
سۆزلەرنى يازغىن. [29] ۋە يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىمغا مۇنداق دېگىن:
ــ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سەن بۇ ئورام يازمىنى كۆيدۈرۈۋەتتىڭ
ۋە مەن يەرەمىيا توغرۇلۇق: «سەن بۇنىڭغا: «بابىل پادىشاھى چوقۇم
كېلىپ بۇ زېمىننى ۋەيران قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەم ئىنساننى ھەم
ھايۋاننى يوقىتىدۇ» ــ دەپ يېزىشقا قانداقمۇ پېتىندىڭ؟» ــ دېدىڭ.
[30] شۇڭا پەرۋەردىگار يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىم توغرۇلۇق مۇنداق
دەيدۇ: ــ ئۇنىڭ نەسلىدىن داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇشقا ھېچ ئادەم
بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ جەسىتى سىرتقا تاشلىۋېتىلىپ كۈندۈزدە ئىسسىقتا،
كېچىدە قىراۋدا ئوچۇق ياتىدۇ. [31] مەن ئۇنىڭ ۋە نەسلىنىڭ بېشىغا،
خىزمەتكارلىرىنىڭ بېشىغا قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى چۈشۈرىمەن؛
مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە، يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئۈستىگە
ھەم يەھۇدانىڭ ئادەملىرى ئۈستىگە مەن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغان
بارلىق كۈلپەتلەرنى چۈشۈرىمەن؛ چۈنكى ئۇلار ماڭا ھېچ قۇلاق
سالمىغان. [32] شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا باشقا بىر ئورام قەغەزنى ئېلىپ
نېرىيانىڭ ئوغلى پۈتۈكچى بارۇققا بەردى؛ ئۇ يەرەمىيانىڭ ئاغزىغا
قاراپ يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىم ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكەن ئورام
يازمىدا خاتىرىلەنگەن ھەممە سۆزلەرنى يازدى؛ ئۇلار بۇ سۆزلەرگە
ئوخشايدىغان باشقا كۆپ سۆزلەرنىمۇ قوشۇپ يازدى.

## زەدەكىيا پادىشاھ بولغان چاغدىكى بەزى ۋەقەلەر ــ كىرىش سۆز

37 [1] بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار زەدەكىيانى يەھۇدانىڭ
زېمىنىغا پادىشاھ قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ يوسىيانىڭ ئوغلى

---

**30:36** يەر. 22:19.

32:36 **«ئۇ يەرەمىيانىڭ ئاغزىغا قاراپ يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىم ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكەن ئورام يازمىدا خاتىرىلەنگەن ھەممە سۆزلەرنى يازدى»** ــ بىرىنچى «ئورام يازما»نىڭ مەزمۇنى بەلكىم «يەرەمىيا»دىكى 1-20-بابلار ئىدى.

يەھوئاكىمنىڭ ئوغلى كونىيانىڭ ئورنىغا ھۆكۈم سۈردى. [2]ئۇ، ياكى
خىزمەتكارلىرى، ياكى زېمىندىكى خەلق پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىيا
پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقان سۆزلىرىگە ھېچ قۇلاق سالمىدى.

## زەدەكىيا خۇدادىن ياردەم تىلەيدۇ

[3]پادىشاھ زەدەكىيا شەلەمىيانىڭ ئوغلى يەھۇكالنى ھەم كاھىن
مائاسېياھنىڭ ئوغلى زەفانىيانى يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا
ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا بىز ئۈچۈن دۇئا
قىلغايسەن» ــ دېگۈزدى [4](شۇ چاغدا يەرەمىيا زىندانغا قاماقلىق
ئەمەس ئىدى؛ ئۇ خەلق ئارىسىغا چىقىپ-كىرىشكە ئەركىن
ئىدى. [5]پىرەۋۇننىڭ قوشۇنى مىسىردىن چىققانىدى؛ يېرۇسالېمنى
قورشىۋالغان كالدىيلەر بۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ يېرۇسالېمدىن
چېكىنىپ كەتكەنىدى).
[6]ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەرەمىيا پەيغەمبەرگە كېلىپ مۇنداق
دېگەندە: ــ
[7]ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەرنى ماڭا
ئىلتىجا قىلدۇرۇپ ئىزدەشكە ئەۋەتكەن يەھۇدا پادىشاھىغا مۇنداق
دەڭلار: ــ مانا، سىلەرگە ياردەم بېرىمىز دەپ چىققان پىرەۋۇننىڭ
قوشۇنى بولسا، ئۆز زېمىنىغا، يەنى مىسىرغا قايتىپ كېتىدۇ. [8]ئاندىن
كالدىيلەر بۇ شەھەرگە قايتىپ كېلىپ جەڭ قىلىپ ئۇنى ئىشغال
قىلىدۇ، ئۇنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. [9]پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ ئۆز-ئۆزۈڭلارنى ئالداپ: «كالدىيلەر بىزدىن چېكىنىپ كەتكەن» ــ

---

1:37 **«كونىيا»** ــ «يەكونىياھ»نىڭ باشقا بىر ئاتىلىشى.
5:37 **«پىرەۋۇننىڭ قوشۇنى مىسىردىن چىققانىدى؛ يېرۇسالېمنى قورشىۋالغان كالدىيلەر بۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ يېرۇسالېمدىن چېكىنىپ كەتكەنىدى»** ــ شۇ ۋەقە بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرى 588-يىلى بولغانىدى؛ «پىرەۋۇن» مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرەۋۇن-خوفرانى كۆرسىتىدۇ (44:30نى كۆرۈڭ).
**5:37** يەر. 21:34

دېمەڭلار؛ ئۇلار كەتكەن ئەمەس! [10] چۈنكى گەرچە سىلەر ئۆزۈڭلارغا جەڭ قىلىدىغان كالدىيلەرنىڭ تولۇق قوشۇنىنى ئۇرۇۋەتكەن بولساڭلارمۇ ۋە ئۇلارنىڭكىدىن پەقەت يارىلانغانلارلا قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى يەنىلا ئۆز چېدىرىدىن تۇرۇپ بۇ شەھەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتى.

## يەرەمىيا قولغا ئېلىنىپ ئەرز قىلىندۇ

[11] پىرەۋننىڭ قوشۇنى تۇيەيلىدىن كالدىيلەرنىڭ قوشۇنى يېرۇسالېمدىن چېكىنىپ تۇرغان ۋاقىتتا، شۇ ۋەقە يۈز بەردى: —
[12] يەرەمىيا بىنيامىندىكى زېمىنغا يول ئېلىپ، شۇ يەردىكى يۇرتداشلىرى ئارىسىدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىش ئۈچۈن يېرۇسالېمدىن چىققاندا، [13] ئۇ «بىنيامىن دەرۋازىسى»غا يەتكەندە، ھانانىيانىڭ نەۋرىسى، شەلەمىيانىڭ ئوغلى كۆزەت بېگى ئىرىيا شۇ يەردە تۇراتتى؛ ئۇ: «سەن كالدىيلەرگە چېكىنىپ تەسلىم بولماقچىسەن!» دەپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. [14] يەرەمىيا: «يالغان! مەن كالدىيلەر تەرەپكە قېچىپ تەسلىم بولماقچى ئەمەسمەن!» — دېدى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى؛ ئىرىيا يەرەمىيانى قولغا ئېلىپ ئۇنى ئەمىرلەر ئالدىغا ئاپاردى.
[15] ئەمىرلەر بولسا يەرەمىيادىن غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۇرغۇزۇپ، ئۇنى دىۋانبېگى يوناتاننىڭ ئۆيىدىكى قاماقخانىغا سولىدى؛ چۈنكى ئۇلار شۇ ئۆيىنى زىندانغا ئايلاندۇرغانىدى. [16] يەرەمىيا زىنداندىكى بىر گۈمبەزخانىغا قامىلىپ، شۇ يەردە ئۇزۇن كۈنلەر ياتقاندىن كېيىن، [17] زەدەكىيا پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ شۇ يەردىن ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى.

---

15:37 **«ئەمىرلەر بولسا يەرەمىيادىن غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۇرغۇزۇپ،...»** — مۇشۇنداق رەزىللىك قىلغان ئەمىرلەر زەدەكىيا پادىشاھلىقىدىكى ئەمىرلەر ئىدى. 36-بابتا كۆرستىلگەن، خۇدادىن قورققان ياخشى ئەمىرلەر بولسا، يەھوئاكىم پادىشاھلىقىدىكى ئەمىرلەر ئىدى؛ بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرىلا ئۇلار يەكونياھ پادىشاھ بىلەن بىللە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 597-يىلى) بابىلغا سۈرگۈن بولغانىدى.

ئۇ شۇ يەردە ئاستىرتىن ئۇنىڭدىن: «پەرۋەردىگاردىن سۆز بارمۇ؟»
دەپ سورىدى. يەرەمىيا: «بار؛ سەن بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇلىسەن» ــ دېدى.
[18] يەرەمىيا زەدەكىيا پادىشاھقا ئىلتىجا قىلىپ: ــ «مەن ساڭا ياكى
خىزمەتكارلىرىڭغا ياكى بۇ خەلققە نېمە گۇناھ قىلغىنىمغا، بۇ
زىندانغا قاماپ قويدۇڭلار؟ [19] سىلەرگە بېشارەت بېرىپ: «بابىل
پادىشاھى ساڭا ياكى بۇ زېمىنغا جەڭ قىلىشقا چىقمايدۇ!» دېگەن
پەيغەمبەرلىرىڭلار قېنى؟» ــ دېدى.
[20] ــ «ئەمدى ئى پادىشاھ تەقسىر، سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىشىڭنى
ئۆتۈنىمەن؛ ئىلتىجايىم ئالدىڭدا ئىجابەت بولسۇن، دەپ ئۆتۈنىمەن؛
دىۋانبېگى يوناتاننىڭ ئۆيىگە مېنى قايتۇرمىغايسەن؛ سەن ئۇنداق
قىلساڭ، شۇ يەردە ئۆلىمەن».
[21] زەدەكىيا پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، يەرەمىيانى قاراۋۇللارنىڭ
ھويلىسىدا تۇرغۇزۇشنى، شۇنىڭدەك شەھەردىكى ھەممە نان
تۈگەپ كەتمىسىلا، ئۇنىڭغا ھەركۈنى «ناۋاي كوچىسى»دىن بىر
نان بېرىلىشنى تاپىلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا قاراۋۇللارنىڭ
ھويلىسىدا تۇردى.

## يەرەمىيا خائىن دەپ ئەرز قىلىنىپ سۇ ئازگىلىغا تاشلىنىدۇ

38 [1] ماتتاننىڭ ئوغلى سەفاتىيا، پاشخۇرنىڭ ئوغلى گەدالىيا،
شەمەلىيانىڭ ئوغلى جۇكال ۋە مالكىيانىڭ ئوغلى پاشخۇرلار
بولسا يەرەمىيانىڭ خەلققە: ــ [2] «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ بۇ
شەھەردە قېلىپ قالغان ئادەملەر بولسا قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا
بىلەن ئۆلىدۇ؛ لېكىن كىمكى چىقىپ كالدىيلەرگە تەسلىم بولسا
ھايات قالىدۇ؛ جېنى ئۆزىگە ئولجىدەك قالىدۇ؛ ئۇ ھايات قالىدۇ.

---

**21:37** يەر. 2:32
**2:38** يەر. 9:21

[3] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ بۇ شەھەر چوقۇم بابىل پادىشاھىنىڭ قوشۇنىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇ ئۇنى ئىشغال قىلىدۇ» ــ دەۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.
[4] ئەمىرلەر پادىشاھقا: «سىلىدىن ئۆتۈنىمىز، بۇ ئادەم ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن؛ چۈنكى نېمىشقا ئۇنىڭ بۇ شەھەردە قېلىپ قالغان جەڭگىۋار لەشكەرلەرنىڭ قوللىرىنى ۋە خەلقنىڭ قوللىرىنى ئاجىز قىلىشىغا يول قويۇلسۇن؟ چۈنكى بۇ ئادەم خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس، بەلكى زىيىنىنى ئىزدەيدۇ» ــ دېدى.
[5] زەدەكىيا پادىشاھ: «مانا، ئۇ سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارغا تاپشۇرۇلدى؛ سىلەرنىڭ يولۇڭلارنى توسقۇدەك مەن پادىشاھ قانچىلىك بىر ئادەم ئىدىم؟» ــ دېدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەرەمىيانى تۇتۇپ قاراۋۇللارنىڭ ھويلىسىدىكى شاھزادە مالكىيانىڭ سۇ ئازگىلىغا تاشلىۋەتتى؛ ئۇلار يەرەمىيانى ئارغامچىلار بىلەن ئۇنىڭغا چۈشۈردى؛ ئازگالدا بولسا سۇ بولماي، پەقەت پاتقاقلا بار ئىدى؛ يەرەمىيا پاتقاققا پېتىپ كەتتى.

## ئېفىئوپىيەلىك ئاغۋات يەرەمىيانى ئازگالدىن قۇتقۇزىدۇ

[7] ئەمما پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى بىر ئاغۋات ئېفىئوپىيەلىك ئەبەد-مەلەك يەرەمىيانىڭ سۇ ئازگىلىغا قاماپ قويۇلغانلىقىنى ئاڭلىدى (شۇ چاغدا پادىشاھ بولسا «بىنيامىن دەرۋازىسى»دا ئولتۇراتتى).
[8] ئەبەد-مەلەك ئوردىدىن چىقىپ پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:
[9] «ئى پادىشاھئالەم، بۇ ئادەملەرنىڭ يەرەمىيا پەيغەمبەرگە بارلىق قىلغىنى، ئۇنى سۇ ئازگىلىغا تاشلىۋەتكىنى ئىنتايىن ئەسەبىي رەزىللىكتۇر؛ ئۇ ئاشۇ يەردە قەھەتچىلىكتىن ئۆلۈپ قالىدۇ؛ چۈنكى شەھەردە ئوزۇق-تۈلۈك قالمىدى» ــ دېدى.
[10] پادىشاھ ئېفىئوپىيەلىك ئەبەد-مەلەككە بۇيرۇق بېرىپ: «مۇشۇ

7:38 **«بىر ئاغۋات ئېفىئوپىيەلىك»** ــ «ئاغۋات» دېگەن بۇ سۆز بەزىدە پەقەت «ئەمەلدار»نىلا بىلدۈرىدۇ.

يەردىن ئۈتتۈز ئادەمنى ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، يەرەمىيا پەيغەمبەرنى ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سۇ ئازگىلىدىن ئېلىپ چىقارغىن» ــ دېدى. [11] شۇنىڭ بىلەن ئەبەد-مەلەك ئادەملەرنى ئېلىپ ئۆلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى خەزىنىنىڭ ئاستىدىكى ئۆيگە كىرىپ شۇ يەردىن لاتا-پۇتا ۋە جۇل-جۇل كىيىملەرنى ئېلىپ، شۇلارنى تانىلار بىلەن ئازگالغا، يەرەمىيانىڭ يېنىغا چۈشۈرۈپ بەردى. [12] ئېفىئوپىيەلىك ئەبەد-مەلەك يەرەمىياغا: ــ بۇ لاتا-پۇتا ۋە جونداق كىيىملەرنى قولتۇقلىرىڭ ھەم تانىلار ئارىسىغا تىقىپ قويغىن ــ دېدى. يەرەمىيا شۇنداق قىلدى. [13] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەرەمىيانى تانىلار بىلەن تارتىپ، سۇ ئازگىلىدىن چىقاردى؛ يەرەمىيا يەنىلا قاراۋۇللارنىڭ ھويلىسىدا تۇردى.

## زەدەكىيا ئاسترتىن مەسلىھەت سورايدۇ، يەرەمىيا جاۋاب بېرىدۇ

[14] پادىشاھ زەدەكىيا ئادەم ئەۋەتىپ يەرەمىيا پەيغەمبەرنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى ئۈچىنچى كىرىش ئىشىكىگە، ئۆز يېنىغا ئاپارغۇزدى. پادىشاھ يەرەمىياغا: ــ مەن سەندىن بىر ئىشنى سورىماقچىمەن؛ ئۇنى مەندىن يوشۇرمىغايسەن ــ دېدى.
[15] يەرەمىيا زەدەكىياغا: «مەن ئۇنى ساڭا ئايان قىلسام، سەن مېنى جەزمەن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمامسەن؟ مەن ساڭا مەسلىھەت بەرسەم، سەن ئاڭلىمايسەن!» ــ دېدى.
[16] پادىشاھ زەدەكىيا يەرەمىياغا ئاسترتىن قەسەم ئىچىپ ئۇنىڭغا: «بىزگە جان-تىنىق ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، مەن سېنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايمەن، ياكى سېنى جېنىڭنى ئىزدىگۈچى كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرمايمەن» ــ دېدى.
[17] يەرەمىيا زەدەكىياغا: ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان

پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ سەن ئىختىيارەن
بابىل پادىشاھىنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ تەسلىم بولساڭ،
جېنىڭ ھايات قالىدۇ ۋە بۇ شەھەر ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىلمەيدۇ؛
سەن ۋە ئۆيدىكىلىرىڭ ھايات قالىسىلەر. [18] لېكىن سەن چىقىپ
بابىل پادىشاھىنىڭ ئەمىرلىرىگە تەسلىم بولمىساڭ، بۇ شەھەر
كالدىيلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئوت قويۇپ
كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، سەن ئۇلارنىڭ قولىدىن قاچالمايسەن ــ دېدى.
[19] پادىشاھ زەدەكىيا يەرەمىياغا: «مەن كالدىيلەرگە چىقىپ تەسلىم
بولغان يەھۇدىيلاردىن قورقىمەن؛ كالدىيلەر بەلكىم مېنى ئۇلارنىڭ
قولىغا تاپشۇرۇشى، ئۇلار مېنى قىيىن-قىستاق قىلىشى مۇمكىن»
ــ دېدى.
[20] يەرەمىيا مۇنداق دېدى: ــ ئۇلار سېنى تاپشۇرمايدۇ. سەندىن
ئۆتۈنىمەنكى، گېپىمگە كىرىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىغا ئىتائەت
قىلغايسەن؛ شۇنداق قىلساڭ ساڭا ياخشى بولىدۇ، جېنىڭ ھايات
قالىدۇ. [21] لېكىن سەن چىقىپ تەسلىم بولۇشنى رەت قىلساڭ،
پەرۋەردىگار ماڭا ئايان قىلغان ئىش مۇنداق: ــ [22] مانا، يەھۇدا
پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا قالغان بارلىق قىز-ئايالار بابىل
پادىشاھىنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بۇ قىز-ئايالار ساڭا تەنە قىلىپ: «سېنىڭ جان دوستلىرىڭ
سېنى ئېزىقتۇردى؛ ئۇلار سېنىڭ ئۈستۈڭدىن غەلىبە قىلدى؛ ئەمدى
ھازىر پۇتلىرىڭ پاتقاققا پېتىپ كەتكەندە، ئۇلار يۈز ئۆرۈپ ساڭا
ئارقىسىنى قىلدى!» ــ دەيدۇ. [23] سېنىڭ بارلىق ئاياللىرىڭ ھەم
باللىرىڭ كالدىيلەرگە ئېلىپ كېتىلىدۇ. سەن ئۆزۈڭ ئۇلارنىڭ
قولىدىن قاچالمايسەن؛ چۈنكى سەن بابىل پادىشاھىنىڭ قولى

22:38 **«سېنىڭ جان دوستلىرىڭ سېنى ئېزىقتۇردى»** ــ «سېنىڭ جان دوستلىرىڭ» پادىشاھنىڭ «مەسلىھەتچى»لىرى ھەم «پەيغەمبەرلىرى»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار پادىشاھنى «مىسىرغا ئىتتىپاقداش بولۇپ بابىلغا ئىسيان كۆتۈرەيلى» دەپ ئازدۇرۇپ بالايىئاپەتنى كەلتۈرگەندى.

بىلەن تۇتۇۋېلىنىسەن، شۇنداقلا سەن بۇ شەھەرنىڭ ئوتتا
كۆيدۈرۈۋېتىلىشىگە سەۋەبچى بولىسەن.
[24] زەدەكىيا يەرەمىياغا مۇنداق دېدى: ــ سەن بۇ سۆھبىتىمىزنى باشقا
ھېچكىمگە چاندۇرمىغىن، شۇندىلا سەن ئۆلمەيسەن. [25] ئەمىرلەر
مېنىڭ سەن بىلەن سۆزلەشكىنىمنى ئاڭلاپ يېنىڭغا كېلىپ
سەندىن: «سېنىڭ پادىشاھقا نېمە دېگەنلىرىڭنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ
ساڭا قانداق سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى بىزگە ئېيت؛ ئۇنى بىزدىن
يوشۇرما؛ شۇنداق قىلساڭ بىز سېنى ئۆلتۈرمەيمىز» دېسە، [26] ئۇنداقتا
سەن ئۇلارغا: «مەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا: «مېنى يوناتاننىڭ ئۆيىگە
قايتقۇزمىغايسەن، بولمىسا، مەن شۇ يەردە ئۆلىمەن» ــ دېگەن
ئىلتىجايىمنى قويغانمەن» ــ دەيسەن.
[27] دەرۋەقە ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى يەرەمىيانىڭ يېنىغا كېلىپ شۇنى
سورىدى؛ ئۇ ئۇلارغا پادىشاھ بۇيرۇغان بۇ بارلىق سۆزلەر بويىچە جاۋاب
بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىمىپ كېتىپ ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ
كەتتى؛ چۈنكى بۇ ئىش ھېچكىمگە چاندۇرۇلمىغانىدى. [28] شۇنداق
قىلىپ يېرۇسالېم ئىشغال قىلىنغۇچە يەرەمىيا قاراۋۇللارنىڭ
ھويلىسىدا تۇردى.

## يېرۇسالېمنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ۋە كېيىنكى ۋەقەلەر

39 [1] يېرۇسالېم ئىشغال قىلىنغاندا تۆۋەندىكى ئىشلار يۈز بەردى:
ــ يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيانىڭ توققۇزىنچى يىلى ئونىنچى
ئايدا، بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار ۋە بارلىق قوشۇنى يېرۇسالېمغا
جەڭ قىلىشقا كېلىپ ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى؛ [2] زەدەكىيانىڭ ئون

---

**24:38 «چاندۇرمىغىن ...سەن ئۆلمەيسەن»** ــ بەلكىم پادىشاھ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «مىسىرغا ئىتتىپاقداش بولايلى» دېگەن ئەمىرلەر بۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ قالسا يەرەمىيانى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، دېمەكچى.

**1:39** 2پاد. 25:1؛ يەر. 4:52

بىرىنچى يىلى، تۆتىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنىدە، ئۇلار شەھەر
سېپىلىدىن بۆسۈپ كىردى. [3] شۇنىڭ بىلەن بابىل پادىشاھىنىڭ
ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسى، يەنى سامگارلىق نەرگال-شارېزەر، باش
خەزىنىچى نېبۇ-سارسېقىم، باش سېھىرگەر نەرگال-شارېزەر ۋە بابىل
پادىشاھلىقىنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرى كىرىپ «ئوتتۇرا دەرۋازا»دا
ئولتۇردى.
[4] يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيا ۋە بارلىق جەڭگىۋار لەشكەرلەر ئۇلارنى
كۆرۈپ قاچماقچى بولۇپ، تۈن كېچىدە شەھەردىن بەدەر تىكىۋېتىشتى؛
ئۇ پادىشاھنىڭ باغچىسى ئارقىلىق، «ئىككى سېپىل» ئارىلىقىدىكى
دەرۋازىدىن چىقىپ ئىئوردان جىلغىسىدىكى «ئاراباھ تۈزلەڭلىكى»گە
قاراپ قېچىشتى. [5] كالدىيلەرنىڭ قوشۇنى ئۇلارنى قوغلاپ يېرىخو
تۈزلەڭلىكىدە زەدەكىياغا يېتىشىپ ئۇنى قولغا ئېلىپ خامات
زېمىنىدىكى رىبلاھ شەھىرىگە، بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ
ئالدىغا ئاپاردى؛ ئۇ شۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى.
[6] بابىل پادىشاھى رىبلاھ شەھىرىدە زەدەكىيانىڭ ئوغۇللىرىنى
كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ بابىل پادىشاھى يەھۇدادىكى بارلىق
مۆتىۋەرلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. [7] ئۇ زەدەكىيانىڭ كۆزلىرىنى ئويۇپ، ئۇنى
بابىلغا ئاپىرىش ئۈچۈن مىس كىشەنلەر بىلەن كىشەنلەپ قويدى.
[8] كالدىيلەر پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوت
قويۇپ كۆيدۈرۈپ يېرۇسالېمنىڭ سېپىللىرىنى كۆمۈرۈپ تاشلىدى.
[9] شاھانە قاراۋۇل بېگى نېبۇزار-ئادان شەھەردە قېلىپ قالغان باشقا
خەلقنى، ئۆزىگە تەسلىم بولۇپ چىققانلارنى، يەنى قالغان خەلقنىڭ
ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ، بابىلغا سۈرگۈن قىلدى. [10] ھالبۇكى،
قاراۋۇل بېگى نېبۇزار-ئادان يەھۇدا زېمىنىدا ھېچ تەۋەلىكى بولمىغان

---

3:39 **«باش خەزىنىچى»** ــ ئىبرانىي تىلىدىكى «راب-سارىس» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى بىزگە نامەلۇم، «باش خەزىنىچى» بىزنىڭ پەرزىمىز. **««ئوتتۇرا دەرۋازا»دا ئولتۇردى»** ــ كونا زامانلاردا شەھەر دەرۋازىسى ئەمەلدارلار ياكى مۆتىۋەرلەر سوت قىلىدىغان، ھۆكۈم چىقىرىدىغان جاي ئىدى.

بەزى نامراتلارنى قالدۇردى؛ شۇ چاغدا ئۇ ئۇلارغا ئۈزۈمزارلار ۋە
ئېتىزلارنى تەقسىملەپ بەردى.
12-11 بابىل پادىشاھى نىبوقادنەسسار يەرەمىيا توغرۇلۇق قاراۋۇل بېگى
نىبۇزار-ئادان ئارقىلىق: «ئۇنى تېپىپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئال؛ ئۇنىڭغا
ھېچ زىيان يەتكۈزمە؛ ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى ئۇنىڭغا قىلىپ بەر»
ــ دەپ پەرمان چۈشۈرگەنىدى.
13 شۇڭا قاراۋۇل بېگى نىبۇزار-ئادان، شۇنداقلا باش خەزىنىچى
نىبۇشازبان، باش سېھىرگەر نەرگال-شارېزەر ۋە بابىل پادىشاھىنىڭ
باشقا باش ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەۋەتىپ 14 يەرەمىيانى
«قاراۋۇللارنىڭ ھويلىسى»دىن ئېلىپ شافاننىڭ نەۋرىسى،
ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانىڭ ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ
قولىغا تاپشۇرغۇزدى. لېكىن يەرەمىيا پۇقرالار ئارىسىدا تۇردى.

## خۇدانىڭ سادىق ئادىمى ئەبەد-مەلەككە بولغان ۋەدىسى

15 يەرەمىيا «قاراۋۇللارنىڭ ھويلىسى»دا قاماپ قويۇلغان ۋاقتىدا،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا كەلگەن بولۇپ مۇنداق دېگەندە: ــ
16 بارغىن، ئېفىئوپىيەلىك ئەبەد-مەلەككە مۇنداق دېگىن: «ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى

13:39 **«باش خەزىنىچى نىبۇشازبان»** ــ 3-ئايەتتە «نىبو-سارسېقىم» ئىسىملىك يەنە بىر «باش خەزىنىچى» تىلغا ئېلىنىدۇ.

14:39 **«شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيا»** ــ بۇ ئايەتتىكى «شافان» 10:36-11دە تىلغا ئېلىنغان «شافان» بولۇشى مۇمكىن. قارىغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يەرەمىياغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. **«يەرەمىيانى ... ئېلىپ .. گەدالىيانىڭ ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىشى ئۈچۈن ...»** ــ ئالىملارنىڭ بۇ ئايەتتىكى «ئۆز ئۆيىگە» دېگەن سۆز توغرىسىدا ئىككى پىكرى بار، يەنى «ئۆز ئۆيى» (1) يەرەمىيانىڭ يۇرتى، يەنە ئاناتوتنى ياكى (2) گەدالىيانىڭ «ئۆز ئۆيى»نى كۆرسىتىدۇ. گەدالىيا نىبوقادنەسسارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەلەستىنگە ۋالىي دەپ بېكىتىلگەنىدى (5:40نى ۋە «2پاد.» 22:25نى كۆرۈڭ). بىزنىڭچە ئىككىنچى پىكىر توغرا، چۈنكى 5:40دە نىبۇزار-ئادانىڭ يەرەمىياغا «گەدالىيانىڭ يېنىغا قايتقىن» دېگەن سۆزنى بايقايمىز. مۇشۇ ۋاقىتتا يەرەمىيا ۋالىي ئۆيىدە كەڭ-ئازادىلىكتە تۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى نامرات خەلق ئارىسىدا تۇرۇشنى تاللىدى.

مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئۆز سۆزلىرىمنى مۇشۇ شەھەر ئۈستىگە
چۈشۈرىمەن؛ ئاۋات-ھالاۋەت ئەمەس، بەلكى بالايىئاپەت چۈشۈرىمەن؛ شۇ
كۈنى بۇ ئىشلار ئۆز كۆزۈڭ ئالدىدا يۈز بېرىدۇ. [17] لېكىن شۇ كۈنى مەن
سېنى قۇتقۇزىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ سەن قورقىدىغان ئادەملەرنىڭ
قولىغا تاپشۇرۇلمايسەن؛ [18] چۈنكى مەن چوقۇم سېنى قۇتقۇزىمەن؛ سەن
قىلىچلانمايسەن، بەلكى ئۆز جېنىڭ ئۆزۈڭگە ئولجىدەك قالىدۇ؛ چۈنكى
سەن ماڭا تايىنىپ كەلگەنسەن ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار».

## يەرەمىيا ئىككىنچى قېتىم ئازاد قىلىنىپ قويۇۋېتىلىدۇ

40 [1] قاراۋۇل بېگى نېبۇزار-ئادان ئۇنى راماھ شەھىرىدىن
قويۇۋەتكەندە، پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىياغا كەلگەن سۆزى: ــ
ئۇ چاغدا نېبۇزار-ئادان يېرۇسالېم ھەم يەھۇدادىكى بارلىق ئەسىرلەرنى
ئېلىپ بابىلغا سۈرگۈن قىلماقچى ئىدى؛ يەرەمىيامۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا ئېلىپ مېڭىلغانىدى. [2] قاراۋۇل بېگى
يەرەمىيانى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگار
خۇدايىڭ مۇشۇ يەرگە بالايىئاپەت چۈشۈرىمەن دەپ ئاگاھلاندۇردى؛
[3] مانا، پەرۋەردىگار ئۆز دېگىنى بويىچە شۇنداق قىلىپ ئۇنى كەلتۈردى؛
چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلغانسىلەر ۋە
ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىغانسىلەر؛ شۇڭا بۇ ئىش بېشىڭلارغا
چۈشتى. [4] لېكىن مەن قولۇڭنى ئىشكەللەنگەن زەنجىرلەردىن يېشىپ
سېنى قويۇۋېتىمەن؛ مەن بىلەن بىللە بابىلغا بېرىش ساڭا مۇۋاپىق

1:40 **«قاراۋۇل بېگى نېبۇزار-ئادان ئۇنى راماھ شەھىرىدىن قويۇۋەتكەندە، پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىياغا كەلگەن سۆزى: ــ ...»** ــ نېبۇزار-ئادان ئاللىقاچان يەرەمىيا توغرۇلۇق «يېرۇسالېمدا تۇرىۋەرسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرگەنىدى (39:11-14نى كۆرۈڭ). ئۇنىڭ «خەلق ئارىسىدا» تۇرغانلىقى توپەيلىدىن، بەلكىم تاسادىپىيلىقتىن ئۇلار سۈرگۈن قىلىنغاندا ئۇلار بىلەن تەڭ ئېلىپ كېتىلگەنىدى.
—«پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىياغا كەلگەن سۆزى: ــ » ــ 2-5-ئايەتلەرگە قارىغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ بۇ سۆزى «كاپىر» بولغان، بابىللىق لەشكەر نېبۇزار-ئادان ئارقىلىق كەلدى!

كۆرۈنسە، قېنى كەل، مەن سەندىن خەۋەر ئالىمەن؛ ئەمما مەن بىلەن بىللە بابىلغا بېرىشنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىساڭ، كېرەك يوق. مانا، پۈتكۈل زېمىن ئالدىڭدا تۇرىدۇ؛ قەيەرگە بېرىش ساڭا لايىق، دۇرۇس كۆرۈنسە شۇ يەرگە بارغىن».
[5]يەرەمىيا تېخى يېنىدىن ماڭماي تۇرۇپ، نېبۇزار-ئادان ئۇنىڭغا: «بولدى، شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانىڭ يېنىغا قايت؛ بابىل پادىشاھى ئۇنى يەھۇدادىكى شەھەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بەلگىلىگەن؛ خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرىۋەر، ياكى ھەرقانداق باشقا يەرگە باراي دېسەڭ شۇ يەرگە بارغىن» ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن قاراۋۇل بېگى ئۇنىڭغا ئوزۇق-تۈلۈك ھەمدە بىر سوۋغات بېرىپ ئۇنى قويۇۋەتتى. [6]شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا مىزپاھ شەھىرىگە، شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانىڭ يېنىغا كەلدى؛ ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە، پۇقرالار ئارىسىدا تۇردى.

## مىزپاھ شەھىرى «يەھۇدا ئۆلكە»سىنىڭ يېڭى مەركىزى قىلىنىدۇ

[7]دالادا قالغان يەھۇدانىڭ لەشكەر باشلىقلىرى ھەم لەشكەرلىرى بابىل پادىشاھىنىڭ شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانى زېمىن ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بەلگىلىگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا بابىلغا سۈرگۈن بولمىغان زېمىندىكى يوقسۇل ئەر-ئاياللار بالا-چاقىلىرى بىلەن تاپشۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى؛ [8]شۇنىڭ بىلەن بۇ لەشكەر باشلىقلىرى ئادەملىرى بىلەن مىزپاھ شەھىرىگە، گەدالىيانىڭ يېنىغا كەلدى؛ باشلىقلىرى بولسا نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل، كارېئاھنىڭ ئوغۇللىرى يوھانان ھەم يوناتان، تانخۇمەتنىڭ ئوغلى سېرايا، نەتوفاتلىق ئەفاينىڭ ئوغۇللىرى ۋە مائاكاتلىق بىرسىنىڭ ئوغلى يەزانىيا ئىدى. [9]شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەداليا ئۇلار ۋە ئادەملىرىگە: «كالدىيلەرگە

---

8:40 **«مائاكاتلىق بىرسىنىڭ ئوغلى يەزانىيا»** ــ «جەزانىيا»نىڭ باشقا شەكلى «يائازانىيا» ــ «2پاد.» 23:25نى كۆرۈڭ.

بېقىنىشتىن قورقماڭلار؛ زېمىندا ئولتۇراقلىشىپ بابىل پادىشاھىغا بېقىنىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار سىلەرگە ياخشى بولىدۇ. [10] مەن بولسام كالدىيلەر زېمىنىغا كەلگەندە سىلەرگە ۋەكىل بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇش ئۈچۈن مىزپاھ شەھىرىدە تۇرىمەن؛ سىلەر بولساڭلار، شاراب، ئەنجۈر-خورمىلار ۋە زەيتۇن مېيى مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كۆپ-ئىدىشىڭلارغا قويۇڭلار، ئۆزۈڭلار تۇتقان شەھەرلەردە تۇرۇۋېرىڭلار» — دەپ قەسەم ئىچتى.

[11] ئوخشاشلا موئابدا، ئاممونىيلار ئارىسىدا، ئېدومدا ھەم باشقا ھەربىر يۇرتلاردا تۇرغان يەھۇدىيلارمۇ بابىل پادىشاھى يەھۇدادا خەلقنىڭ بىر قالدىسىنى قالدۇرغان ۋە ئۇلار ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانى بەلگىلىگەن دەپ ئاڭلىدى؛ [12] شۇنىڭ بىلەن بارلىق يەھۇدىيلار ھەيدەپ تارقىتىۋېتىلگەن ھەممە جاي-يۇرتلاردىن قايتىپ، يەھۇدا زېمىنىغا، مىزپاھ شەھىرىگە، گەدالىيانىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار شاراب، ئەنجۈر-خورمىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى زور كەڭرىچىلىكتە ئالدى.

## ئىشمائىل گەدالىيانى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ،<br>مىزپاھدىكى خەلقنى ئەسىرگە ئالىدۇ

[13] كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھانان ۋە دالادا قالغان لەشكەرلەرنىڭ بارلىق باشلىقلىرى مىزپاھ شەھىرىگە، گەدالىيانىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: [14] «سەن ئاممونىيلار پادىشاھى بائالىس نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىلنى سېنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» — دېيىشتى. لېكىن ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيا ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى.

[15] كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھانان مىزپاھدا گەدالىياغا ئاستىرتىن سۆز قىلىپ: «ماڭا رۇخسەت قىلغايسەن، باشقىلار ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقۇچە مەن بېرىپ نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىلنى ئۆلتۈرەي؛ ھېچكىم بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىڭغا يىغىلغان

يەھۇدادىكىلەرنىڭ ھەممىسى تارقىتىۋېتىلىپ، يەھۇدانىڭ قالدىسى
يوقىتىۋېتىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ــ دېدى.
16 بىراق گەدالىيا كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھانانغا: «سەن ئۇنداق قىلما؛
چۈنكى سەن ئىشمائىل توغرۇلۇق يالغان ئېيتىۋاتىسەن» ــ دېدى.

## 41

1 ئەمدى يەتتىنچى ئايدا شۇنداق بولدىكى، شاھزادە، شۇنداقلا
پادىشاھنىڭ باش ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان ئەلىشامانىڭ
نەۋرىسى، نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل ئون ئادەم ئېلىپ مىزپاھقا،
ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانىڭ يېنىغا كەلدى؛ ئۇلار شۇ يەردە، يەنى
مىزپاھدا نان ئوشتۇپ غىزالانغاندا، 2 نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل
ھەم ئۇ ئېپكەلگەن ئون ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاھىكامنىڭ ئوغلى
گەدالىياغا قىلىچ چاپتى؛ ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى بابىل پادىشاھى
يەھۇدا زېمىنى ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىققا بەلگىلىگەننى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن
ئىبارەت ئىدى. 3 ئىشمائىل مىزپاھدا گەدالىياغا ھەمراھ بولغان
بارلىق يەھۇدىيلار ۋە شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان بارلىق كالدىي جەڭگىۋار
لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.
4 شۇنداق بولدىكى، گەدالىيانى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى
كۈنىگىچە ھېچكىم تېخى ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپمىغانىدى، 5 مانا
شەقەم، شىلوھ ھەم سامارىيەدىن سەكسەن ئادەم يېتىپ كەلدى.
ئۇلار ساقىلىنى چۈشۈرگەن، كىيىملىرىنى يىرتقان، ئەتلىرىنى
تىلغان، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە سۇنۇشقا قولىدا ھەدىيەلەرنى
ھەم خۇشبۇيىنى تۇتقان ھالدا كەلگەنىدى. 6 نەتانىيانىڭ ئوغلى

---

1:41 **«پادىشاھنىڭ باش ئەمەلدارلىرى...»** ــ «پادىشاھ» چوقۇم زەدەكىيانى كۆرسىتىدۇ.

1:41 2پاد. 25:25

5:41 **«ئۇلار ساقىلىنى چۈشۈرگەن، كىيىملىرىنى يىرتقان، ئەتلىرىنى تىلغان...»** ــ دېمىسەكمۇ، خەلق بۇنداق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق قاتتىق قايغۇنى بىلدۈرەتتى. شۈبھىسىزكى، مۇشۇ يەردە ئۇلارنىڭ قايغۇسى خۇدانىڭ يەھۇدا ۋە ئىسرائىل ئۈستىگە جازا چۈشۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن بولغان. ئەمەلىيەتتە قايغۇنى بىلدۈرۈشكە «ئەتلىرىنى تىلىش» تەۋراتتا قەتئىي مەنئى قىلىنغان.

ئىشمائىل ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ماڭغىنىچە يىغلىغانغا سىلىپ
مىزپاھدىن چىقتى؛ ئۇلارغا: «مەرھەمەت، ئاھىكامنىڭ ئوغلى
گەدالىيا بىلەن كۆرۈشۈشكە ئاپىرىمەن» ــ دېدى.
[7] شۇنداق بولدىكى، ئۇلار شەھەر ئوتتۇرىسىغا يەتكەندە، نەتانىيانىڭ
ئوغلى ئىشمائىل ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئادەملەر ئۇلارنى
ئۆلتۈرۈپ جەسەتلىرىنى سۇ ئازگىلىغا تاشلىۋەتتى. [8] ھالبۇكى،
ئۇلار ئارىسىدىن ئون ئادەم ئىشمائىلغا: «بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمە،
چۈنكى دالادا بىزنىڭ يوشۇرۇپ قويغان بۇغداي، ئارپا، زەيتۇن مېيى
ۋە ھەسەل قاتارلىق ئوزۇق-تۈلۈكىمىز بار» ــ دېدى. شۇڭا ئۇ قولىنى
يىغىپ، بۇرادەرلىرى ئارىسىدىن ئۇلارنى ئۆلتۈرمىدى. [9] ئىشمائىل
ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى تاشلىۋەتكەن بۇ ئازگال بولسا،
ئىنتايىن چوڭ ئىدى؛ ئۇنى ئەسلى پادىشاھ ئاسا ئىسرائىل پادىشاھى
بائاشادىن قورقۇپ كولاپ ياسىغانىدى. نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل
بۇ ئازگالنى جەسەتلەر بىلەن تولدۇردى. [10] ئىشمائىل مىزپاھتا تۇرغان
خەلقنىڭ قالدىسىنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن قاراۋۇل بېگى
نېبۇزار-ئادان ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىياغا تاپشۇرغان پادىشاھنىڭ
قىزلىرى ۋە مىزپاھدا قالغان بارلىق كىشىلەرنى ئەسىرگە ئېلىپ
كەتتى؛ نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ
ئاممونىيلارنىڭ قېشىغا ئۆتۈشكە يول ئالدى.

## يوھانان خەلقنى ئىشمائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ

[11] كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھانان ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكى ھەممە لەشكەر
باشلىقلىرى نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل سادىر قىلغان بارلىق

---

9:41 **«ىشمائىل ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى تاشلىۋەتكەن بۇ ئازگال بولسا، ئىنتايىن چوڭ ئىدى؛ ئۇنى ئەسلى...»** ــ باشقا خىل تەرجىمىسى: «شۇ ئازگال ئىشمائىل گەدالىيا بىلەن بىللە ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى تاشلىغان يەر بولۇپ، ئۇنى ئەسلى...» ــ ئەينى ئىبرانيي تىلىدىكى تېكىستنى چۈشىنىش تەس. **«بائاشادىن قورقۇپ...»** ــ ئاسا پادىشاھ بەلكىم ئازگالنى مىزپاھ مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا سۇ ساقلاش ئۈچۈن كولىغانىدى.

رەزىللىكتىن خەۋەر تاپتى؛ [12] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارلىق ئادەملىرىنى ئېلىپ نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىلغا جەڭ قىلىشقا چىقتى؛ ئۇلار گىبېئوندىكى چوڭ كۆل بويىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى. [13] ئىشمائىلنىڭ قولىدا تۇرغان بارلىق خەلق كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھانان ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولغان بارلىق لەشكەر باشلىقلىرىنى كۆرگەندە خۇشال بولدى. [14] ئىشمائىل مىزپاھدىن ئېلىپ كەتكەن بارلىق خەلق يولدىن يېنىپ، كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھاناننىڭ يېنىغا كەلدى. [15] لېكىن نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل سەككىز ئادەمى بىلەن يوھانانلاردىن قېچىپ، ئاممونىيلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. [16] ئاندىن كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھانان ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولغان بارلىق لەشكەر باشلىقلىرى نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن مىزپاھدىن ئېلىپ كەتكەن خەلقنىڭ قالدىسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قېشىغا ئالدى؛ ئۇ ئۇلارنى، يەنى جەڭگىۋار لەشكەرلەر، قىز-ئاياللار، بالىلار ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى گىبېئوندىن ئېلىپ كەتتى. [17] ئۇلار كالدىيلەردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن مىسىرغا قاراپ يول ئېلىپ بەيت-لەھەمگە يېقىن بولغان گېرۇت-قىمخامدا توختاپ تۇردى. [18] سەۋەبى بولسا، ئۇلار كالدىيلەردىن قورقاتتى؛ چۈنكى بابىل پادىشاھى زېمىن ئۈستىگە ھۆكۈمرانلىققا بەلگىلىگەن ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىيانى نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىشمائىل ئۆلتۈرۈۋەتكەندى.

## قالغانلار پەرۋەردىگاردىن يول سورايدۇ، بىراق ئۇنىڭغا قۇلاق سالمايدۇ

42 [1] بارلىق لەشكەر باشلىقلىرى، جۈملىدىن كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھانان ھەم ھوشايانىڭ ئوغلى يەزانىيا ۋە ئەڭ

كىچىكىدىن چوڭىغىچە بارلىق خەلق [2]يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ
يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: «تەلىپىمىزنى ئىجابەت قىلغايسەن،
پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا خەلقىنىڭ قالدىسى بولغان بىزلەر ئۈچۈن دۇئا
قىلغايسەنكى (كۆزۈڭ كۆرگىنىدەك بۇرۇن كۆپ بولغان بىزلەر ھازىر
ئىنتايىن ئاز قالدۇق)، [3]پەرۋەردىگار خۇدايىڭ بىزگە ماڭىدىغان يول،
قىلىدىغان ئىشنى كۆرسەتكەي» ــ دەپ ئىلتىجا قىلدى.
[4]يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۇلارغا: «ماقۇل! مانا، مەن پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلارغا سۆزلىرىڭلار بويىچە دۇئا قىلىمەن؛ شۇنداق بولىدۇكى،
پەرۋەردىگار سىلەرگە قانداق جاۋاب بەرسە، مەن ئۇنى سىلەرگە
ھېچنېمىسىنى قالدۇرماي تولۇقى بىلەن بايان قىلىمەن» ــ دېدى.
[5]ئۇلار يەرەمىياغا: «پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سېنى ئەۋەتىپ بىزگە
يەتكۈزىدىغان سۆزنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلمىساق، پەرۋەردىگار
بىزگە ھەقىقىي، گېپىدە تۇرىدىغان گۇۋاھچى بولۇپ ئەيىبلىسۇن!»
ــ دېدى. [6]«بىز سېنى پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ يېنىغا ئەۋەتىمىز؛
جاۋاب ياخشى بولسۇن يامان بولسۇن، ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئىتائەت
قىلىمىز؛ بىز خۇدايىمىزنىڭ ئاۋازىغا ئىتائەت قىلغاندا، بىزگە
ياخشى بولىدۇ».
[7]شۇنداق بولدىكى، ئون كۈندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى
يەرەمىياغا كەلدى. [8]ئۇ كارېئاھنىڭ ئوغلى يوھانان، لەشكەر
باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ۋە ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە بارلىق
خەلقنى چاقىرىپ [9]ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ سىلەر مېنى تەلىپىڭلارنى
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈشكە
ئەۋەتكەنسىلەر. ئۇ مۇنداق دېدى: ــ
[10]«سىلەر يەنىلا مۇشۇ زېمىندا تۇرىۋەرسەڭلارلا، مەن سىلەرنى
قۇرۇپ چىقىمەن؛ سىلەرنى غۇلاتمايمەن؛ مەن سىلەرنى تىكىپ

---

**1:42 «ھوشايانىڭ ئوغلى يەزانىيا»** ــ بۇ «يەزانىيا» 8:40دە تىلغا ئېلىنغان «يەزانىيا» بولۇشى مۇمكىن.

**6:42** يەر. 23:7

ئۆستۈرىمەن، سىلەرنى يۇلمايمەن؛ چۈنكى مەن بېشىڭلارغا چۈشۈرگەن
بالايىئاپەتكە ئۆكۈنىمەن. 11 سىلەر قورقىدىغان بابىل پادىشاھىدىن
قورقماڭلار؛ ئۇنىڭدىن قورقماڭلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ چۈنكى
مەن سىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن
سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن. 12 مەن سىلەرگە شۇنداق رەھىمدىللىقنى
كۆرسىتىمەنكى، ئۇ سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنى
ئۆز زېمىنىڭلارغا قايتىشقا يول قويىدۇ.
13 بىراق سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماي «بۇ
زېمىندا قەتئىي تۇرمايمىز» ــ دېسەڭلار 14 ۋە: «ياق، بىز مىسىر زېمىنىغا
بارايلى؛ شۇ يەردە نە ئۇرۇشنى كۆرمەيمىز، نە كاناي-ئاگاھ سىگنالىنى
ئاڭلىمايمىز، نە نانغا زار بولمايمىز؛ شۇ يەردە ياشايمىز» ــ دېسەڭلار،
15 ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئى يەھۇدانىڭ بۇ قالدىسى
بولغان سىلەر: ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ «سىلەر مىسىرغا كىرىپ، شۇ
يەردە ئولتۇراقلىشىشقا قەتئىي نىيەتكە كەلگەن بولساڭلار، 16 ئەمدى
شۇنداق بولىدۇكى، سىلەر قورقىدىغان قىلىچ مىسىردا سىلەرگە
يېتىشىۋالىدۇ، سىلەر قورقىدىغان قەھەتچىلىك مىسىردا سىلەرگە
ئەگىشىپ قوغلاپ بارىدۇ؛ شۇ يەردە سىلەر ئۆلىسىلەر. 17 شۇنداق
بولىدۇكى، مىسىرغا كىرىپ شۇ يەردە تۇرايلى دەپ قەتئىي نىيەت
قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا بىلەن
ئۆلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تىرىك قالمايدۇ ۋە ياكى مەن بېشىغا
چۈشۈرىدىغان بالايىئاپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.
18 چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ غەزىپىم ۋە قەھرىم
يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەندەك، سىلەر مىسىرغا
كىرگىنىڭلاردا، قەھرىم بېشىڭلارغا چۈشۈرۈلىدۇ؛ سىلەر لەنەتكە

**10:42** يەر. 6:24؛ 4:31؛ 7:33

قالدىغان ۋە دەھشەت باسىدىغان ئوبيېكت، لەنەت سۆزى ھەم
رەسۋاچىلىقنىڭ ئوبيېكتى بولىسىلەر ۋە سىلەر بۇ زېمىننى قايتىدىن
ھېچ كۆرمەيسىلەر. [19] پەرۋەردىگار سىلەر، يەنى يەھۇدانىڭ قالدىسى
توغرۇلۇق: «مىسىرغا بارماڭلار!» ــ دېگەن. ــ ئەمدى شۇنى بىلىپ
قويۇڭلاركى، مەن بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنى ئاگاھلاندۇردۇم!».
[20] ــ سىلەرنىڭ مېنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ يېنىغا ئەۋەتكىنىڭلار
«پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغايسەن؛ پەرۋەردىگار
خۇدايىمىز بىزگە نېمە دېسە، بىزگە يەتكۈزۈپ بەرسەڭ بىز شۇنىڭ
ھەممىسىگە ئەمەل قىلىمىز» دېگۈزگىنىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئالداپ
جېنىڭلارغا زامىن بولۇشتىن ئىبارەت بولدى، خالاس. [21] مەن بۈگۈنكى
كۈندە سىلەرگە ئۇنىڭ دېگىنىنى ئېيتىپ بەردىم؛ لېكىن سىلەر
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىغا ۋە ياكى ئۇنىڭ مېنى سىلەرنىڭ
يېنىڭلارغا ئەۋەتكەن ھېچقايسى ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىدىڭلار.
[22] ئەمدى ھازىر شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر ئولتۇراقلىشايلى دەپ
بارىدىغان جايدا قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا بىلەن ئۆلىسىلەر».

## 43

[1] شۇنداق بولدىكى، يەرەمىيا ئۆلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارنىڭ
ھەممە سۆزلىرىنى بارلىق خەلققە ئېيتىپ تۈگەتتى (خۇداسى
پەرۋەردىگار يەرەمىيانى ئۇلارغا بۇ بارلىق سۆزلەرنى ئېيتىش

---

**18:42** يەش. 15:65؛ يەر. 20:7؛ 16:18؛ 8:19؛ 9:24؛ 18:25،9؛ 6:26؛ 18:29

20:42 **«ــ سىلەرنىڭ مېنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ يېنىغا ... «پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا ...» دېگۈزگىنىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئالداپ جېنىڭلارغا زامىن بولۇشتىن ئىبارەت بولدى، خالاس»** ــ ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «سىلەرنىڭ مېنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ يېنىغا: «پەرۋەردىگار خۇدايىمىزغا ... » دېگۈزۈپ ئەۋەتكىنىڭلاردا ئۆزۈڭلار جېنىڭلارنى ئالداپ قويغانسىلەر، خالاس».

21:42 **«مەن بۈگۈنكى كۈندە سىلەرگە ئۇنىڭ دېگىنىنى ئېيتىپ بەردىم؛ لېكىن ... خۇدايىڭلارنىڭ ئاۋازىغا ۋە ياكى ئۇنىڭ مېنى سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئەۋەتكەن ھېچقايسى ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىدىڭلار»** ــ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى، يەنى: «خۇدانىڭ سۆزىگە ھېچ ئىتائەت قىلمايمىز» دېگەن پوزىتسىيىسى پەيغەمبەرگە ئايان ئىدى.

ئۈچۈن ئەۋەتكەن)، ــ [2]شۇنىڭ بىلەن ھوشىيانىڭ ئوغلى ئازارىيا ۋە
كارىئاھنىڭ ئوغلى يوھانان ۋە شۇنداقلا بارلىق ھالى چوڭ ئادەملەر
يەرەمىياغا مۇنداق دېدى: ــ «سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن! خۇدايىمىز
پەرۋەردىگار سېنى بىزگە: «سىلەر مىسىردا ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن
بارماڭلار!» دېيىشكە ئەۋەتكەن ئەمەس؛ [3]بەلكى نېرىيانىڭ ئوغلى
بارۇق چوقۇم سېنى بىزگە قارشىلاشتۇرۇپ، بىزنى كالدىيلەرنىڭ
قولىغا تاپشۇرۇشقا كۇشكۇرتمەكتە؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنى
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ ياكى بىزنى بابىلغا سۈرگۈن قىلىدۇ».
[4]شۇنىڭ بىلەن كارىئاھنىڭ ئوغلى يوھانان، لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ
ھەممىسى ۋە بارلىق خەلق پەرۋەردىگارنىڭ: «يەھۇدا زېمىنىدا تۇرۇپ
قېلىڭلار» دېگەن ئاۋازىغا قۇلاق سالمىدى؛ [5]بەلكى كارىئاھنىڭ
ئوغلى يوھانان ۋە بارلىق لەشكەر باشلىقلىرى ھەيدىۋېتىلگەن
بارلىق ئەللەردىن يەھۇدا زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىشقا قايتىپ كەلگەن
يەھۇدانىڭ پۈتۈن قالدىسىنى، [6]يەنى ئەرلەر، قىز-ئاياللار، بالىلار ۋە
پادىشاھنىڭ قىزلىرىنى، جۈملىدىن قاراۋۇل بېگى نېبۇزار-ئادان
ئاھىكامنىڭ ئوغلى گەدالىياغا تاپشۇرغان ھەربىر كىشىنى ھەمدە
يەرەمىيا پەيغەمبەر ھەم نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇقنى ئېلىپ، [7]مىسىر
زېمىنىغا كىرىپ كەلدى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت
قىلمىدى. ئۇلار تاھپانەس شەھرىگە يېتىپ كەلدى.

## بېشارەت ــ نېبوقادنەسار مىسىرغا بېسىپ كىرىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ

[8]پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى يەرەمىياغا تاھپانەستە كېلىپ مۇنداق
دېگەندە: ــ
[9]يەھۇدىيلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا، قولۇڭغا بىرنەچچە چوڭ تاشلارنى
ئېلىپ پىرەۋننىڭ تاھپانەستىكى ئوردىسىنىڭ كىرىش يولىنىڭ

2:43 **«ھوشايانىڭ ئوغلى ئازارىيا»** ــ بۇ ئادەم 42:1دىكى «ھوشايانىڭ ئوغلى يەزانىيا» دېگەن ئادەم بىلەن بىر بولۇشى مۇمكىن.

يېنىدىكى خىشلىق يولدىكى سېغىز لايغا كۆمۈپ يوشۇرۇپ، 10 ئۇلارغا
مۇنداق دېگىن: ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن مېنىڭ قۇلۇم بولغان
بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنى چاقىرىپ ئېپكېلىمەن، ئۇ مەن
كۆمۈپ يوشۇرغان بۇ تاشلار ئۈستىگە ئۆز تەختىنى سالىدۇ؛ ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە شاھانە چېدىرىنى يېيىپ تىكىدۇ. 11 ئۇ كېلىپ مىسىر
زېمىنىدا جەڭ قىلىدۇ؛ ئۆلۈمگە بېكىتىلگەنلەر ئۆلىدۇ؛ سۈرگۈن
بولۇشقا بېكىتىلگەنلەر سۈرگۈن بولىدۇ؛ قىلىچقا بېكىتىلگەنلەر
قىلىچلىنىدۇ. 12 مەن مىسىردىكى بۇتلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت
ياقتۇرغۇزىمەن؛ ئۇ ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ، بۇتلىرىنى ئېلىپ سۈرگۈن
قىلىدۇ؛ قوي پادىچىسى ئۆز تونىنى كىيگەندەك نېبوقادنەسارمۇ
مىسىر زېمىنىنى ئۆزىگە كىيىۋالىدۇ؛ ئۇ شۇ يەردىن ئامان-ئېسەن
چىقىدۇ. 13 ئۇ مىسىر زېمىنىدىكى «قۇياش ئىبادەتخانىسى»دىكى
تۈۋرۈكلەرنى چېقىۋېتىدۇ؛ ئۇ مىسىردىكى بۇتلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە
ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

---

**10:43** يەر. 9:25؛ 6:27

11:43 **«ئۇ نېبوقادنەسار كېلىپ مىسىر زېمىنىدا جەڭ قىلىدۇ؛ ئۆلۈمگە بېكىتىلگەنلەر ئۆلىدۇ»** ــ بۇ ئايەتتىكى «ئۆلۈم» بەلكىم ۋابانى كۆرسىتىدۇ. 2:15نىمۇ كۆرۈڭ.

**11:43** يەر. 2:15؛ زەك. 9:11

12:43 **«قوي پادىچىسى ئۆز تونىنى كىيگەندەك نېبوقادنەسارمۇ مىسىر زېمىنىنى ئۆزىگە كىيىۋالىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ (نېبوقادنەسار) قوي پادىچىسى ئۆز تونىدىكى پىتلارنى تەرگەندەك مىسىر زېمىنىدىن ھېچنەرسە قالدۇرماي ھەممىنى تېرىۋالىدۇ». ئايەتتىكى ئىبرانىي تىلى ئىككى بىسلىق بولغاچقا، ئىككىلا تەرجىمىسى بەلكىم توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە شۇنى دېيىشىمىز كېرەككى، قويلار ۋە قوي پادىچىلىرى مىسىرلىقلارغا ئىنتايىن يىرگىنچلىك بولغان («يار.» 34:46نى كۆرۈڭ). شۇنىڭ بىلەن بېشارەت مىسىرلىقلار ئۈچۈن ئىنتايىن كىنايىلىك، ئېغىر گەپ بولۇشى كېرەك ئىدى.

13:43 **«قۇياش ئىبادەتخانىسى»** ــ مىسىردىكى «خېلىئوپولىس»، يەنى «ئون» دېگەن شەھەرگە جايلاشقان. ئۇ ھازىرقى قاھىرە شەھىرىنىڭ ئون كىلومېتىر شەرق تەرىپىدە. **«ئۇ مىسىردىكى بۇتلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ»** ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 568-يىلى نېبوقادنەسار مىسىرغا تاجاۋۇز قىلغان؛ بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى باشقا بىر تاجاۋۇزلۇقنىڭ

## پەرۋەردىگارنىڭ مىسىرغا قاچقان يەھۇدىيلارغا بۇتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن چۈشۈرىدىغان جازاسى

44

[1] مىسىردا تۇرغان، يەنى مىگدولدا، تاھپانەستە، نوفتا ۋە مىسىرنىڭ جەنۇبىي تەرىپى پاتروس زېمىنىدا تۇرغان بارلىق يەھۇدىيلار توغرۇلۇق بۇ سۆز يەرەمىياغا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ
[2-3] «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن يېرۇسالېم ھەم يەھۇدادىكى ھەممە شەھەرلەر ئۈستىگە چۈشۈرگەن بارلىق بالايىئاپەتنى كۆرگەنسىلەر؛ مانا، ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان رەزىللىكى تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار خارابىلىك بولۇپ، ئادەمزاتسىز قالدى؛ چۈنكى ئۇلار نە ئۆزلىرى، نە سىلەر، نە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار بىلمەيدىغان يات ئىلاھلارغا چوقۇنۇشقا، خۇشبۇي يېقىشقا بېرىپ، مېنى غەزەپلەندۈرگەن. [4] مەن تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ قۇللىرىم بولغان پەيغەمبەرلەرنى سىلەرگە ئەۋەتىپ: «مەن نەپرەتلىنىدىغان بۇ يىرگىنچلىك ئىشنى قىلغۇچى بولماڭلار!» ــ دەپ ئاگاھلاندۇرغانمەن.
[5] لېكىن ئۇلار ئىتائەت قىلمىغان، ھېچ قۇلاق سالمىغان؛ ئۇلار رەزىللىكىدىن، يات ئىلاھلارغا خۇشبۇي يېقىشتىن قولىنى زادى ئۈزمىگەن. [6] شۇنىڭ بىلەن قەھرىم ھەم غەزىپىم ئۇلارغا تۆكۈلگەن، يەھۇدادىكى شەھەرلەردە ھەم يېرۇسالېمدىكى رەستە-كوچىلاردا يېقىلغان، كۆيگەن؛ ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە ۋەيرانە ۋە خارابىلىك بولۇپ قالدى.
[7] شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەر نېمىشقا ئۆز-ئۆزۈڭلارغا زور كۈلپەت كەلتۈرمەكچىسىلەر، ئۆزۈڭلارغا ھېچقانداق

---

بار-يوقلۇقى توغرۇلۇق تېخى خەۋەرىمىز يوق.

**1:44** **«نوف»** ــ كېيىن «مەمفىس» دەپ ئاتالغان. مىگدول، تاھپانەس، نوف ۋە پاتروس دېگەن جايلار ئاساسەن مىسىرنىڭ پۈتكۈل تېررىتورىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى.

**6:44** يەر. 7:20؛ 18:42

قالدى قالدۇرماي ئۆزۈڭلاردىن، يەنى يەھۇدانىڭ ئىچىدىن ئەر-ئايال،
بالا-بوۋاقلارنى ئۈزمەكچىسىلەر!؟ [8]نېمىشقا ئۆز قوللىرىڭلارنىڭ
ياسىغىنى بىلەن، سىلەر ئولتۇراقلاشقان مىسىر زېمىنىدا يات
ئىلاھلارغا خۇشبۇي يېقىپ مېنى غەزەپلەندۈرىسىلەر؟ شۇنداق
قىلىپ سىلەر ھالاك بولۇپ يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر ئارىسىدا
لەنەت سۆزى ۋە رەسۋا قىلىنىدىغان بىر ئوبيېكت بولىسىلەر. [9]سىلەر
يەھۇدا زېمىنىدا ھەم يېرۇسالېمنىڭ رەستە-كوچىلىرىدا سادىر
قىلىنغان رەزىللىكنى، يەنى ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ رەزىللىكىنى،
يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ رەزىللىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ
رەزىللىكىنى، سىلەرنىڭ ئۆز رەزىللىكىڭلارنى ھەم ئاياللىرىڭلارنىڭ
رەزىللىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ [10]بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر خەلقىڭلار
ئۆزىنى ھېچ تۆۋەن تۇتمىدى، مەندىن ھېچ قورقمىدى، ئۇلار مەن
سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ھەم ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ ئالدىغا قويغان
تەۋرات-قانۇنۇمدا ياكى بەلگىلىمىلىرىمدە ھېچ ماڭغان ئەمەس.
[11]شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار —
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: — مانا، مەن بېشىڭلارغا كۈلپەت
چۈشۈرۈپ، بارلىق يەھۇدانى ھالاك قىلغۇچە سىلەرگە يۈزۈمنى قارىتى
مەن؛ [12]مەن مىسىر زېمىنىغا شۇ يەردە ئولتۇراقلىشايلى دەپ قەتئىي
نىيەت قىلغان يەھۇدانىڭ قالدىسىغا قول سالىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
مىسىر زېمىنىدا تۈگىشىدۇ؛ مىسىر زېمىنىدا يىقىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئەڭ
كىچىكىدىن چوڭىغىچە قىلىچ بىلەن، قەھەتچىلىك بىلەن ئۆلىدۇ؛ ئۇلار
قىلىچ بىلەن ۋە قەھەتچىلىك بىلەن ئۆلىدۇ، ئۇلار لەنەت ئوقۇلىدىغان ۋە
دەھشەت باسقۇچى ئوبيېكت، لەنەت سۆزى ھەم رەسۋا قىلىنىدىغان بىر
ئوبيېكت بولىدۇ. [13]مەن مىسىر زېمىنىدا تۇرۇۋاتقانلارنى يېرۇسالېمنى
جازالىغاندەك قىلىچ بىلەن، قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ۋابا بىلەن
جازالايمەن؛ [14]شۇنىڭ بىلەن مىسىر زېمىنىدا ئولتۇراقلىشايلى دەپ

**11:44** يەر. 10:21؛ ئام. 4:9
**12:44** يەر. 42:22،17،16،15

شۇ يەرگە كىرگەن يەھۇدانىڭ قالدىسىدىن يەھۇدا زېمىنىغا قايتىشقا
ھېچقايسىسى قاچالمايدۇ ياكى ھېچكىم قالمايدۇ؛ شۇ يەرگە قايتىپ
ئولتۇراقلىشىشقا ئىنتىزار بولسىمۇ، قاچالىغان ئاز بىر قىسمىدىن
باشقىلىرى ھېچقايسىسى قايتمايدۇ».
15 ئاندىن ئۆز ئاياللىرىنىڭ يات ئىلاھلارغا خۇشبۇي ياقىدىغانلىقىنى
بىلگەن بارلىق ئەرلەر، ۋە يېنىدا تۇرغان بارلىق ئاياللار، ــ زور بىر
توپ ئادەملەر، يەنى مىسىرنىڭ شىمالىي تەرىپى ۋە جەنۇبىي تەرىپى
پاتروستىن كەلگەن بارلىق خەلق يەرەمىياغا مۇنداق جاۋاب بەردى: ــ
16 «سەن پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا بىزگە ئېيتقان سۆزگە كەلسەك، بىز
ساڭا ھېچ قۇلاق سالمايمىز! 17 ئەكسىچە بىز چوقۇم ئۆز ئاغزىمىزدىن
چىققان بارلىق سۆزلەرگە ئەمەل قىلىمىز؛ ئۆزىمىز، ئاتا-بوۋىلىرىمىز،
پادىشاھلىرىمىز ۋە ئەمىرلىرىمىز يەھۇدادىكى شەھەرلەردە ھەم
يېرۇسالېمدىكى رەستە-كوچىلاردا قىلغىنىدەك بىزلەر «ئاسمانلارنىڭ
خانىشى»غا خۇشبۇي يېقىۋېرىمىز ۋە ئۇنىڭغا شاراب ھەدىيەلىرىنى
قۇيۇۋېرىمىز؛ چۈنكى ئەينى چاغدا بىزنىڭ نېنىمىز پۈتۈن
بولۇپ، توققۇزىمىز تەل، ھېچ كۆلپەتنى كۆرمەي ئۆتكەن. 18 ئەمما
«ئاسمانلارنىڭ خانىشى»غا خۇشبۇي يېقىشنى ۋە ئۇنىڭغا شاراب
ھەدىيەلىرىنى قۇيۇشنى توختاتقىنىمىزدىن باشلاپ، بىزنىڭ ھەممە
نەرسىمىز كەم بولۇپ، قىلىچ بىلەن ھەم قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك
بولۇپ كەلدۇق. 19 بىز ئاياللار «ئاسمانلارنىڭ خانىشى»غا خۇشبۇي
ياقىنىمىزدا ۋە ئۇنىڭغا شاراب ھەدىيەلىرىنى قۇيغىنىمىزدا، بىزنىڭ
ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ پوشكاللارنى ئېتىشىمىزنى ھەم ئۇنىڭغا «شاراب
ھەدىيە»لەرنى قۇيۇشىمىزنى ئەرلىرىمىز قوللىمىغانمۇ؟».

---

15:44 **«مىسىرنىڭ شىمالىي تەرىپى ۋە جەنۇبىي تەرىپى پاتروستىن كەلگەن بارلىق خەلق»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مىزرائىمدا، پاتروستا تۇرغان بارلىق خەلق».
ــ«مىزرائىم» ــ مىسىرنىڭ شىمالىي تەرىپى، «پاتروس» ــ مىسىرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدۇر.

17:44 **«ئاسماننىڭ خانىشى»** ــ بىرخىل ئايال بۇت، ئەلۋەتتە.

**17:44** يەر. 18:7

[20]يەرەمىيا بارلىق خەلققە، ھەم ئەرلەر ھەم ئاياللارغا، مۇشۇنداق
جاۋابنى بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇنداق دېدى: ــ
[21]ــ «پەرۋەردىگارنىڭ ئېسىدە قېلىپ كۆڭلىگە تەگكەن ئىش دەل
سىلەر، ئاتا-بوۋىلىرىڭلار، پادىشاھلىرىڭلار، ئەمىرلىرىڭلار
شۇنداقلا زېمىندىكى خەلقنىڭ يەھۇدادىكى شەھەرلەردە ھەم
يېرۇسالېمدىكى رەستە-كوچىلاردا ياققان خۇشبۇيى ئەمەسمۇ؟
[22]ئاخىرىدا پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنىڭ رەزىللىكىگە
ھەم سادىر قىلغان يىرگىنچلىك ئىشلىرىڭلارغا چىداپ تۇرالمىغان؛
شۇڭا زېمىنىڭلار بۈگۈنكى كۈندىكىدەك خارابىلىك، ئادەمنى
دەھشەتكە باسقۇچى، لەنەت ئوبيېكتى ۋە ئادەمزاتسىز بولغان.
[23]سەۋەبى، سىلەر خۇشبۇي ياققانسىلەر، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
گۇناھ سادىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماي، ئۇنىڭ نە
تەۋرات-قانۇنىدا، نە بەلگىلىمىلىرىدە نە ئاگاھ-گۇۋاھلىقلىرىدا
ھېچ ماڭمىغانسىلەر؛ شۇڭا بۈگۈنكى كۈندىكىدەك بۇ بالايىئاپەت
بېشىڭلارغا چۈشتى».
[24]يەرەمىيا بارلىق خەلققە، بولۇپمۇ بارلىق ئاياللارغا مۇنداق دېدى:
ــ «ئى مىسىردا تۇرغان بارلىق يەھۇدا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاڭلار! [25]ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ
ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەر ئاياللار ئۆز ئاغزىڭلار
بىلەن: «بىز «ئاسمانلارنىڭ خانىشى»غا خۇشبۇي يېقىش، ئۇنىڭغا
«شاراب ھەدىيە»لەرنى قۇيۇش ئۈچۈن ئىچكەن قەسەملىرىمىزگە
چوقۇم ئەمەل قىلىمىز» دېگەنسىلەر ۋە ئۇنىڭغا ئۆز قوللىرىڭلار
بىلەن ئەمەل قىلغانسىلەر. ئەمدى قەسىمىڭلاردا چىڭ
تۇرۇۋېرىڭلار! قەسىمىڭلارغا تولۇق ئەمەل قىلىۋېرىڭلار! [26]لېكىن

25:44 **«سىلەر ئاياللار ئۆز ئاغزىڭلار بىلەن...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سىلەر ۋە ئاياللىرىڭلار ئۆز ئاغزىڭلار بىلەن...». **««بىز «ئاسمانلارنىڭ خانىشى»غا خۇشبۇي يېقىش، ئۇنىڭغا «شاراب ھەدىيە»لەرنى قۇيۇش ئۈچۈن ئىچكەن قەسەملىرىمىزگە چوقۇم ئەمەل قىلىمىز» دېگەنسىلەر»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى «ئاياللار»

شۇنداق بولغاندا، ئى مىسىردا تۇرغان بارلىق يەھۇدا پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزىنى ئاڭلاڭلار! مانا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇلۇغ نامىم بىلەن قەسەم
قىلغانمەنكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مىسىرنىڭ بارلىق زېمىنىدا
تۇرۇۋاتقان يەھۇدالىق ھېچقايسى كىشى مېنىڭ نامىمنى تىلغا
ئېلىپ: «رەب پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن!» دەپ قايتىدىن
قەسەم ئىچمەيدۇ. 27 مانا، مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاۋات-ھالاۋەت
ئەمەس، بەلكى بالايىئاپەت چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى كۆزلەۋاتىمەن؛
شۇڭا مىسىردا تۇرۇۋاتقان يەھۇدادىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ
ھەممىسى تۈگىگۈچە قىلىچ ۋە قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك بولىدۇ.
28 قىلىچتىن قۇتۇلۇپ قاچقانلار بولسا ئىنتايىن ئاز بىر توپ ئادەملەر
بولۇپ، مىسىر زېمىنىدىن يەھۇدا زېمىنىغا قايتىپ كېلىدۇ؛ شۇنىڭ
بىلەن مىسىر زېمىنىغا ئولتۇراقلىشايلى دەپ كەلگەن يەھۇدانىڭ
قالدىسى كىمنىڭ سۆزىنىڭ، مېنىڭكى ياكى ئۇلارنىڭ ئىناۋەتلىك
بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بىلىپ يېتىدۇ. 29 مېنىڭ سىلەرنى بۇ
يەردە جازالايدىغانلىقىمغا، مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ چوقۇم سىلەرگە
كۈلپەت كەلتۈرمەي قويمايدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن
سىلەرگە شۇ ئالدىنئالا بېشارەت بولىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
30 ــ مانا، مېنىڭ يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيانى ئۇنىڭ دۈشمىنى،
جېنىنى قوغلاپ ئىزدىگەن بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ
قولىغا تاپشۇرغىنىمدەك مەن ئوخشاشلا مىسىر پادىشاھى پىرەۋن
خوفرانى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا ھەمدە جېنىنى ئىزدىگەن
كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار».

---

بولسمۇ، لېكىن سۆزلەر «ئاياللار سىيغىسى» بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئەرلەر سىيغىسى»
شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بەلكىم: «سىلەر ئەركەكلەر ئاياللىرىڭلارغا بويسۇنىدىغان «سايماخۇنلار
بولدۇڭلار» دېگەندەك كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ بولسا كېرەك.

**27:44** يەر. 28:31

**30:44 «مېنىڭ يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيانى ئۇنىڭ دۈشمىنى، جېنىنى قوغلاپ ئىزدىگەن بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ قولىغا تاپشۇرغىنىمدەك مەن ئوخشاشلا مىسىر پادىشاھى پىرەۋن خوفرانى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا ھەمدە جېنىنى ئىزدىگەن**

## بارۇققا بېرىلگەن ئاگاھ ھەم تەسەللى

45 [1] يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىمنىڭ تۆتىنچى يىلى،
نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇق يەرەمىيانىڭ ئاغزىغا قاراپ بۇ
سۆزلەرنى ئورام قەغەزگە يازغىنىدا، يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۇنىڭغا
بۇ سۆزنى ئېيتقان: —
[2] «ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار سەن بارۇق توغرۇلۇق مۇنداق
دەيدۇ: — [3] سەن: «ھالىمغا ۋاي! چۈنكى پەرۋەردىگار قايغۇمغا
دەرد-ئەلەم قوشۇپ قويدى؛ مەن ئاھ-زارلار قىلىشتىن چارچىدىم،
زادىلا ئارام تاپالمىدىم!» — دېدىڭ.

[4] — يەرەمىيا، سەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: —
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — مانا، مەن قۇرۇپ چىققانلىرىمنى
ھازىر غۇلىتىمەن، مەن تىككەنلىرىمنى، يەنى بۇ پۈتكۈل جاھاننى
ھازىر يۇلۇپ تاشلايمەن. [5] مەن بۇنداق قىلغان يەردە سەن ئۆزۈڭ
ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىزدىشىڭگە توغرا كېلەمدۇ؟ بۇلارنى
ئىزدىمە؛ چۈنكى مانا، مەن بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئۈستىگە
بالايىئاپەت چۈشۈرىمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار، —

**كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن»** — پىرەۋن خوفرا ئەسلى پادىشاھ زەدەكىيانى نىبوقادنەسارغا ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقانىدى. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 570-يىلى مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش مىسىردا تۇرغان يەھۇدىيلارغا بىر ئاگاھ-بېشارەت ئىدى.

4:45 **«بۇ پۈتكۈل جاھاننى...»** — ياكى «بۇ پۈتكۈل زېمىننى...». لېكىن 5-ئايەتكە قارىغاندا «جاھاننى» توغرىدۇر.

لېكىن جېنىڭنى سەن بارىدىغان بارلىق يەرلەردە ئۆزۈڭگە ئولجا
قىلىپ بېرىمەن».

## 46-51-بابلار ـ ئەللەر توغرۇلۇق بېشارەتلەر
## «1» مىسىر ـ مىسىرنىڭ قوشۇنى كارشېمىش شەھىرىدە مەغلۇپ بولىدۇ

46 [1] يەرەمىيا پەيغەمبەرگە كەلگەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەللەر
توغرۇلۇق سۆزى تۆۋەندە: ـ
[2] مىسىر توغرۇلۇق: ئەفرات دەرياسى بويىدىكى كاركېمىش شەھىرىنىڭ
يېنىدا تۇرۇۋاتقان، پىرەۋن-نەقونىڭ قوشۇنى توغرۇلۇق (بۇ قوشۇننى
بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىمنىڭ
تۆتىنچى يىلى بىتچىت قىلغان): ـ [3] «قالقان-سىپارلارنى ئېلىپ

---

5:45 «مەن بۇنداق قىلغان يەردە سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىزدىشىڭگە توغرا كېلەمدۇ؟ بۇلارنى ئىزدىمە؛ چۈنكى مانا، مەن بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئۈستىگە بالايىئاپەت چۈشۈرىمەن، ... لېكىن جېنىڭنى سەن بارىدىغان بارلىق يەرلەردە ئۆزۈڭگە ئولجا قىلىپ بېرىمەن» ــ بۇ 45-بابتىكى بېشارەت پادىشاھ يەھوئاكىمنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدا بېرىلگەن بولسا، نېمىشقا مۇشۇ يەردە (يەرەمىيا ۋە بارۇق مىسىردا قالغان ۋاقىتتا) «ئورام يازما»غا قوشۇلغان؟ بەلكىم ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە خاتىرىلىنىش سەۋەبى، يەرەمىيا ۋە بارۇق مىسىردا، پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە ئاسىيلىق قىلماقچى بولغان يەھۇدانىڭ شۇ ئاز بىر قالدىسى ئارىسىدا (يۇقىرىقى بېشارەتلەر كۆرسەتكەندەك) تېخىمۇ ئېغىر خەتەردە قالغان؛ شۇڭا ھازىر بۇ بېشارەت بارۇققا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، تېخىمۇ تەسەللى بېرىشى مۇمكىن ئىدى.
—يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۆزى مىسىر زېمىنىدا ئۆلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ كىتابىنىڭ قولىمىزدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن بىز شۈبھىسىزكى بارۇققا قەرزدارمىز.
**5:45** يەر. 9:21؛ 2:38؛ 18:39
2:46 **«مىسىر توغرۇلۇق: ئەفرات دەرياسى بويىدىكى كاركېمىش شەھىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان، پىرەۋن-نەقونىڭ قوشۇنى توغرۇلۇق بۇ قوشۇننى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىمنىڭ تۆتىنچى يىلى بىتچىت قىلغان: ــ ....»** ــ مىسىر توغرۇلۇق بۇ بېشارەت پىرەۋننىڭ قوشۇنى بىتچىت قىلىنىشتىن ئىلگىرى بېرىلگەن، مۇشۇ يەردە كېيىنكى ۋاقىتتا خاتىرىلەنگەن، ئەلۋەتتە. ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە ئەرزىيدۇكى، «يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوئاكىمنىڭ تۆتىنچى يىلى» يەھۇدانىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ھەم يەرەمىيانىڭ بېشارەتلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يىل بولغان. شۇ يىل ئوتتۇرا شەرقتىكى «كۈچ

سەپكە چۈشۈڭلار! جەڭگە چىقىشقا تەييارلىنىڭلار! [4]ئاتلارنى
ھارۋىلارغا قېتىڭلار! ئاتلىرىڭلارغا مىنىڭلار! بېشىڭلارغا دۇبۇلغا
سېلىپ سەپتە تۇرۇڭلار! نەيزىلىرىڭلارنى بىلەپ ئىتتىكلىتىڭلار!
ساۋۇت-قۇياقلارنى كىيىۋېلىڭلار!
[5]لېكىن مەن نېمىنى كۆرىمەن؟! ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ مانا، مۇشۇ
لەشكەرلەر دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ چېكىنىدۇ؛ باتۇر-پالۋانلىرى
بىتچىت قىلىنىپ كەينىگە قارىماي بەدەر قاچىدۇ! تەرەپ-تەرەپلەرنى
ۋەھىمە باسىدۇ! ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار. [6]ــ ئەمدى ئەڭ چاققانلارمۇ
قاچالمايدۇ، باتۇر-پالۋانلارمۇ ئامان-ئېسەن قۇتۇلۇپ قالمايدۇ؛ مانا،
شىمال تەرىپىدە، ئەفرات دەرياسى بويىدا ئۇلار پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ!
[7]سۇلىرى دەريالاردەك ئۆزلىرىنى دولقۇنلىتىپ، نىل دەرياسى كەلكۈن
كەبى كۆتۈرۈلگەندەك ئۆزىنى كۆتۈرگەن كىمدۇر؟! [8]سۇلىرى دەريالاردەك
ئۆزلىرىنى دولقۇنلىتىپ، نىل دەرياسىدەك ئۆزىنى كۆتۈرگەن دەل مىسىر
ئۆزىدۇر؛ ئۇ: «مەن ئۆزۈمنى كۆتۈرۈپ پۈتكۈل يەر يۈزىنى قاپلايمەن؛ مەن
شەھەرلەر ھەم ئۇلاردا تۇرۇۋاتقانلارنى يوقىتىمەن!» ــ دەيدۇ.
[9]ئېتىلىڭلار، ئى ئاتلار! ھە دەپ ئالغا بېسىپ چېپىڭلار، ئى جەڭ
ھارۋىلىرى! قالقان كۆتۈرگەن ئېفىئوپىيە ھەم لۇبىيەدىكىلەر،
ئوقيالىرىنى ئېگىلدۇرگەن لىدىيەدىكىلەر، پالۋان-باتۇرلار جەڭگە
چىقسۇن! [10]لېكىن بۇ كۈن بولسا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى

---

تەڭپۈڭلۇقى» بابىلنىڭ پادىشاھى نېبوقادنەسارغا ئۆتكەن.

**4:46** يەر. 11:51

**7:46 «سۇلىرى دەريالاردەك ئۆزلىرىنى دولقۇنلىتىپ، نىل دەرياسى كەلكۈن كەبى كۆتۈرۈلگەندەك ئۆزىنى كۆتۈرگەن كىمدۇر؟!»** ــ ھەر يىلى نىل دەرياسىغا كەلكۈندەك ئۇلۇغ سۇ كېلىدۇ. بۇ سۇ مىسىرنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى بېسىپ سۇغىرىدۇ، مىسىرنىڭ زېمىنىنى باقىدۇ، دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

**9:46 «ئېفىئوپىيە».. «لۇبىيە»... «لىدىيە»** ــ «ئېفىئوپىيە» ئىبرانىي تىلىدا «كۇش» دېيىلىدۇ، «لۇبىيە» («لىبيا») ئىبرانىي تىلىدا «پۇت» دېيىلىدۇ، «لىدىيە» (ھازىرقى تۈركىيەدە) ئىبرانىي تىلىدا «لۇد» دېيىلىدۇ. بۇ يەرلەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى «ياللانما لەشكەرلەر» ئىدى.

**9:46** يەش. 19:66

بولغان رەب پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىدۇر؛ ئۇ قىساسلىق بىر كۈن، يەنى
ئۆز ياۋلىرىدىن قىساس ئالىدىغان كۈنى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ قىلىچى
كىشىلەرنى تويغۇچە يۇتىدۇ؛ ئۇ قانغۇچە ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئىچىدۇ؛
چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگارنىڭ
شىمالىي زېمىندا، ئەفرات دەرياسى بويىدا قىلماقچى بولغان بىر
قۇربانلىقى بار! [11] گىلېئادقا چىقىپ تۇتىيا ئىزدەپ تاپ، ئى مىسىرنىڭ
قىزى! لېكىن سەن ئۆزۈڭگە نۇرغۇن دورىلارنى ئالساڭمۇ بىكار؛ سەن
ئۈچۈن ھېچ شىپالىق يوقتۇر! [12] ئەللەر خىجالىتىڭ توغرۇلۇق ئاڭلايدۇ،
سېنىڭ پەريادلىرىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىگە پۇر كېتىدۇ؛ پالۋان پالۋانغا
پۇتلىشىدۇ، ئىككىسى تەڭ مەغلۇپ بولۇپ يىقىلىدۇ!

## نېبوقادنەسارنىڭ مىسىر زېمىنغا بېسىپ كىرىشى توغرۇلۇق بېشارەت

[13] پەرۋەردىگارنىڭ بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ مىسىر زېمىنغا
تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى توغرۇلۇق يەرەمىيا پەيغەمبەرگە ئېيتقان
سۆزى: ــ
[14] مىسىردا جاكارلا، مىگدولدا ئېلان قىل، نوفتا ۋە تاھپانەستىمۇ ئېلان
قىل: چىڭ تۇر، جەڭگە بەل باغلا؛ چۈنكى قىلىچ ئەتراپىڭدىكىلەرنى
يۇتۇۋاتىدۇ؛ [15] سېنىڭ باتۇرلىرىڭ نېمىشقا سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ؟

---

10:46 **«پەرۋەردىگار ئۆز ياۋلىرىدىن قىساس ئالىدىغان كۈنى»** ــ مۇمكىنچىلىكى باركى، بېشارەتتىكى «قىساس»، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىگە سادىق بولغان پادىشاھ يوسىيانى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 609-يىلى) ئۆلتۈرۈۋەتكەن پىرەۋن-نەكو ئۈستىدىن ئالغان بىر قىساسنى كۆرسىتىدۇ («2پاد.» 29:23 ۋە 33-35نى كۆرۈڭ). ئۇنىڭ ئۈستىگە «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» ئادەتتە ئاخىرقى زاماندىكى قىيامەت كۈننى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا بېشارەتنىڭ شۇ كۈنى توغرۇلۇق مەلۇماتلىرى بار بولۇشىمۇ مۇمكىن

**11:46** يەر. 22:8

14:46 **«مىسىردا ... مىگدول... نوف ... تاھپانەس...»** ــ بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى مىسىردا، ئەلۋەتتە. **«چىڭ تۇر، جەڭگە بەل باغلا؛ چۈنكى قىلىچ ئەتراپىڭدىكىلەرنى يۇتۇۋاتىدۇ»** ــ بېشارەت بېرىلگەن ۋاقتى بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 604-يىلى بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدا نېبوقادنەسار فىلىستىيەنى ئىشغال قىلىپ مىسىرنىڭ چېگرىسىدا تاجاۋۇز

**ئۇلار چىڭ تۇرالمايدۇ؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنى سەپتىن ئىتتىرىپ**
**يىقىتىۋېتىدۇ. [16] ئۇ ئۇلاردىن كۆپلىرىنى پۇتلاشتۇرىدۇ؛ بەرھەق، ئۇلار**
**قاچقاندا بىر-بىرىگە پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار:**
**«بوله، تۇرايلى، زومىگەرنىڭ قىلىچىدىن قېچىپ ئۆز خەلقىمىزگە**
**ۋە ئانا يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتەيلى!» ــ دەيدۇ؛ [17] شۇ يەرگە قايتقاند**
**ئۇلار: «مىسىر پادىشاھى پىرەۋن پەقەت بىر قىيقاس-سۈرەن، خالاس!**
**ئۇ پەيتنى بىلمەي ئۆتكۈزۈۋەتتى!» ــ دەيدۇ. [18] ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم**
**قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ پادىشاھ، نامى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى**
**بولغان پەرۋەردىگار، ــ تاغلار ئارىسىدا تابور تېغى بولغاندەك، كارمەل**
**تېغى دېڭىز بويىدا ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغاندەك بىرسى كېلىدۇ.**
**[19] ئەمدى سەن، ئى مىسىردا تۇرۇۋاتقان قىز، سۈرگۈن بولۇشقا لايىق**
**يۈك-تاقلارنى تەييارلاپ قوي؛ چۈنكى نوف خارابە بولۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ،**
**ھېچ ئادەمزاتسىز بولىدۇ.**
**[20] مىسىر بولسا چىرايلىق بىر ئىنەكتۇر؛ لېكىن ئۇنى نىشان قىلغان بىر**
**كۆكۈيۈن كېلىۋاتىدۇ، شىمالدىن كېلىۋاتىدۇ! [21] ئۇنىڭ ئارىسىدىكى**
**ياللانما لەشكەرلەر بولسا بورداق تورپاقلاردەك بولىدۇ؛ ئۇلارمۇ ئارقىغا**
**بۇرۇلۇپ، بىرلىكتە قېچىشىدۇ؛ ئۇلار چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ؛ چۈنكى**
**كۈلپەتلىك كۈن، يەنى جازالىنىش كۈنى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن**

---

قىلىشقا تەييار تۇراتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىركى 568-يىلى نېبوقادنەسار مىسىرغا تاجاۋۇز قىلغان؛ بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى باشقا بىر تاجاۋۇزلۇق بار-يوقلۇقى توغرۇلۇق تېخى خەۋىرىمىز يوق.

16:46 **«بوله، تۇرايلى، زومىگەرنىڭ قىلىچىدىن قېچىپ ئۆز خەلقىمىزگە ۋە ئانا يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتەيلى!»** ــ بۇ سۆزلەرنى بەلكىم مىسىر قوشۇنىدىكى چەتئەل «ياللانما لەشكەرلەر»ى ئېيتىدۇ (21نى كۆرۈڭ).

18:46 **«تابور» ۋە «كارمەل»** ــ تاغلىرى بەك ئېگىز بولمىسىمۇ، ئۇلار ئەتراپىدىكى يەرلەرگە قارىغاندا كۆككە تاقاشقاندەك كۆرۈنىدۇ. مەنىسى نېبوقادنەسار قوشۇنى بىلەن بېسىپ كىرگەندە، ئۇلار باشقا پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىدىن زور دەرىجىدە كۈچلۈك كۆرۈنىدۇ.

20:46 **«كۆكۈيۈن»** ــ مال-ۋارانلارنى چاقىدىغان بىرخىل چىۋىن. بۇ دەھشەتلىك كۆكۈيۈن «چىرايلىق ئىنەك» بولغان مىسىر ۋە بارلىق «تورپاقلىرى»نى (21-ئايەت) تارمار قىلىپ ھەيدەيدۇ! مىسىرلىقلار چوقۇنغان بۇت «بۇقا ئىلاھى» (ئاپىس) بولغاچقا، مۇشۇ «ئىنەك» ۋە «تورپاقلار»غا نىسبەتەن 20-21-ئايەتلەر ئىنتايىن كىنايىلىك، ھەجۋىي سۆزلەردۇر.

بولىدۇ. [22] مىسىرنىڭ ئاۋازى يىلاننىڭكىدەك «كۇش-كۇش» قىلىپ
ئاڭلىنىدۇ؛ چۈنكى دۈشمەن قوشۇنلىرى بىلەن ئاتلىنىپ، ئوتۇن
كەسكۈچىلەردەك ئۇنىڭغا قارشى پالتىلارنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ.
[23] ئورمانلىقى قويۇقلۇقىدىن كىرگۈسىز بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى كېسىپ
يىقىتىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ چۈنكى كەسكۈچىلەر چېكەتكە
توپىدىن كۆپ، سان-ساناقسىز بولىدۇ. [24] مىسىرنىڭ قىزى خىجالەتتە
قالدۇرۇلىدۇ؛ ئۇ شىمالىي ئەلنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ.
[25] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن نو شەھىرىدىكى بۇت ئاموننى،
پىرەۋننى، شۇنداقلا مىسىر ۋە ئۇنىڭ ئىلاھلىرى بىلەن پادىشاھلىرىنى
جازالايمەن؛ بەرھەق، پىرەۋن ۋە ئۇنىڭغا تايانغانلارنىڭ ھەممىسىنى جا
زالايمەن؛ [26] مەن ئۇلارنى ئۇلارنىڭ جېنىنى ئىزدىگۈچىلەر، يەنى بابىل
پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ قولىغا ھەم خىزمەتكارلىرىنىڭ قولىغا
تاپشۇرىمەن. بىراق كېيىن، مىسىر قەدىمكى زامانلاردەك قايتىدىن
ئاھالىلىك بولىدۇ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

---

21:46 **«ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ياللانما لەشكەرلەر بولسا بورداق تورپاقلاردەك بولىدۇ؛ ئۇلارمۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، بىرلىكتە قېچىشىدۇ؛ ئۇلار چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ»** ــ ئوتتۇرا شەرقتىكى بەزى كۆكۈيۈنلەر ئىنتايىن زەھەرلىك، ۋەھشىي بولۇپ، ئىنەك-تورپاقلارنى سەۋدايى، تەلۋە قىلىپ، ئۇيان-بۇيان يۈگۈرتۈپ چېچىۋېتىدۇ. **«جازالىنىش كۈنى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «يوقلىنىش كۈنى».
22:46 **«مىسىرنىڭ ئاۋازى يىلاننىڭكىدەك «كۇش-كۇش» قىلىپ ئاڭلىنىدۇ»** ــ مەنىسى بەلكىم مىسىر قورقۇنچتىن چېكىنگەن ئامالسىز قالغان يىلاندەك، ئۇنىڭغا پەقەت «كۇش-كۇش» قىلىپ خاپىلىقىنى بىلدۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال قىلالمايدۇ.
23:46 **«ئورمانلىقى قويۇقلۇقىدىن كىرگۈسىز بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى كېسىپ يىقىتىدۇ»** ــ مىسىردا دەرەخلەر ئاز بولىدۇ؛ شۇڭا بۇ سېلىشتۇرما-ئوخشىتىش بولۇشى كېرەك، بەلكىم «ئورمان» نۇرغۇنلىغان خەلق ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ.
25:46 **«مانا، مەن نو شەھىرىدىكى بۇت ئاموننى، پىرەۋننى، شۇنداقلا مىسىر ۋە ئۇنىڭ ئىلاھلىرى بىلەن پادىشاھلىرىنى جازالايمەن»** ــ خۇدا «ئامون» دېگەن بۇت ۋە «مىسىرنىڭ ئىلاھلىرى»نى قانداق جازالايدۇ؟ ھېچ بولمىغاندا، بۇ سۆز خۇدانىڭ مۇشۇ بۇتلارنىڭ «نام-ئابرۇيى»لىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تېما توغرۇلۇق «مىسىردىن چىقىش»تىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

## ئىسرائىل ئۈچۈن ئۈمىد

[27]لېكىن سەن، ئى قۇلۇم ياقۇپ، قورقما، ئالاقزادە بولما، ئى
ئىسرائىل؛ چۈنكى مانا، مەن سېنى يىراق يۇرتتىن، نەسلىڭنى
سۈرگۈن بولغان زېمىندىن قۇتقۇزۇپ چىقىرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن
ياقۇپ قايتىپ، خاتىرجەملىك ۋە ئارامبەخشتە تۇرىدۇ، ھېچكىم
ئۇنى قورقۇتمايدۇ. [28]قورقما، ئى قۇلۇم ياقۇپ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
ــ چۈنكى مەن سەن بىلەن بىللىدۇرمەن؛ مەن سېنى تارقىتىۋەتكەن
ئەللەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگەشتۈرسەممۇ، لېكىن سېنى پۈتۈنلەي
تۈگەشتۈرمەيمەن؛ پەقەت ئۇستۇڭدىن ھۆكۈم چىقىرىپ تەربىيە-ساۋاق
بېرىمەن؛ سېنى جازالىماي قويمايمەن.

## «2» فىلىستىيە توغرۇلۇق بېشارەت

47 [1]پىرەۋن گازا شەھىرىگە زەربە بېرىشتىن ئىلگىرى، يەرەمىيا
پەيغەمبەرگە كەلگەن، پەرۋەردىگارنىڭ فىلىستىيلەر
توغرىسىدىكى سۆزى: ــ
[2]پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، شىمالدىن دولقۇنلۇق سۇلار
ئۆرلەيدۇ؛ ئۇلار تېشىپ بىر كەلكۈن بولىدۇ؛ ئۇ زېمىن ۋە ئۇنىڭدا
تۇرغان ھەممىنىڭ ئۈستىدىن، شەھەر ۋە ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ
ئۈستىدىن تاشقىن بولۇپ باسىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى
نالە-پەرياد كۆتۈرىدۇ، زېمىندا بارلىق تۇرۇۋاتقانلار ئازابتىن نالە-

**27:46** يەش. 13:41؛ 5:43؛ 1:44؛ يەر. 10:30

**28:46** يەر. 24:10؛ 11:30؛ پەند. 4:11؛ ئەز. 19:7؛ زەف. 1:14-16، 18؛ دان. 9:26-27؛ يەش. 10:22-23؛ يەر. 28:46؛ ناھ. 9:1

**1:47** **«گازا»** ــ فىلىستىيەنىڭ بەش چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى.
—بېشارەت (1-7) بېرىلگەن ۋاقىت بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 609-يىلى ئىدى. شۇ چاغدا پىرەۋن-نەكو مىسىردىن چىقىپ ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە ئىتتىپاقداش بولۇپ بابىلغا قارشى چىققان. بۇ بېشارەتتىكى «زەربە» بەلكىم پىرەۋن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلغان، فىلىستىيەنىڭ تېررىتورىيەسىدىن ئۆتۈپ بولغان ۋاقىتتا قىلىنغان.

زار قىلىدۇ؛ [3]تۇلپارلىرىنىڭ تۇياقلىرىنىڭ تاراقشىشلىرىنى، جەڭ
ھارۋىلىرىنىڭ تاراقلاشلىرىنى، چاقلىرىنىڭ گۈلدۈرلەشلىرىنى
ئاڭلاپ، ئاتىلار ئۆز بالىلىرىدىن خەۋەر ئېلىشقىمۇ قوللىرى بوشاپ،
ئارقىغىمۇ قارىمايدۇ. [4]چۈنكى بارلىق فىلىستىيلەرنى نابۇت
قىلىدىغان كۈن، ھەم تۇر ۋە زىدوننى ئۇلارغا ياردەمدە بولغۇدەك
بارلىق قالغان ئادەملەردىن مەھرۇم قىلىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى؛
چۈنكى پەرۋەردىگار فىلىستىيلەرنى، يەنى كرېت ئارىلىدىن چىقىپ
كەلگەنلەرنىڭ قالدۇقىنى نابۇت قىلىدۇ. [5]گازانىڭ ئۈستى تاقىرلىق
بولىدۇ؛ ئاشكېلون شەھىرىدىكىلەر داڭ قېتىپ قالىدۇ؛ قاچانغىچە
ئەتلىرىڭلارنى تىلىسىلەر، ئى فىلىستىيە كۆچلىرىدىن ئامان قالغانل

---

2:47 **«شىمالدىن دولقۇنلۇق سۇلار ئۆرلەيدۇ؛ ئۇلار تېشىپ بىر كەلكۈن بولىدۇ»** — دېمىسەكمۇ، مۇقەددەس كىتابتا «كەلكۈن» زېمىننى بېسىپ كىرگەن زور قوشۇنغا ئوخشىتىلىدۇ. مۇشۇ «سۇلار» ئاۋۋال پىرەۋۇننىڭ قوشۇنى بولغان بولۇشى مۇمكىن، كەيىندىكى «كەلكۈن» پىرەۋۇننىڭ قوشۇننى تارمار قىلغان بابىللىقلاردىن ئىبارەت.

—«شەھەر» بولسا بەلكىم يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ. يېرۇسالېم بابىل تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندا فىلىستىيەمۇ قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ تاجاۋۇز قىلىنغان.

**3:47** يەش. 28:5؛ يەر. 13:4؛ 23:6

4:47 **«پەرۋەردىگار فىلىستىيلەرنى، يەنى كرېت ئارىلىدىن چىقىپ كەلگەنلەرنىڭ قالدۇقىنى نابۇت قىلىدۇ»** — فىلىستىيلەر ئەسلىدە كرېت (ئىبراني تىلىدا «كافتور») ئارىلىدىن چىققانىدى. ئۇلار تۇردىكىلەر ھەم زىدوندىكىلەرگە «تۇغقان قەبىلىلەر» (فۆنكىيلىكلەر) بولغاچقا، تۇر ۋە زىدون ئاۋارىگە ئۇچرىغان بولسا، فىلىستىيلەر ئۇلارغا ياردەمگە چىققان بولاتتى. لېكىن فىلىستىيلەر نابۇت بولغان بولسا، «ئۇلارغا ياردەمدە بولغۇدەك ... ئادەملار» بولمايتتى.

**4:47** يەر. 22:25

ار؟ [6]ئاپلا، ئى پەرۋەردىگارنىڭ قىلىچى، سەن قاچانغىچە تىنمايسەن؟
ئۆز قىنىڭغا قايتقىن، ئارام ئېلىپ تىنچلانغىن!
[7]لېكىن ئۇ قانداقمۇ توختىيالىسۇن؟ چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا
پەرمان چۈشۈرگەن؛ ئاشكېلون شەھىرىگە ھەم دېڭىز بويىدىكىلەرگە
زەرب قىلىشقا ئۇنى بېكىتكەندۇر!

## «3» موئاب توغرۇلۇق بېشارەت

48 [1]موئاب توغرۇلۇق: ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ نېبونىڭ
ھالىغا ۋاي! چۈنكى ئۇ خارابە قىلىندۇ؛ كىرىئاتايىم خىجالەتكە
قالدۇرۇلۇپ، ئىشغال قىلىندۇ؛ يۇقىرى قورغان بولسا خىجالەتكە
قالدۇرۇلۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. [2]موئاب يەنە ھېچ ماختالمايدۇ؛
ھەشبوندا كىشىلەر ئۇنىڭغا: «ئۇنى ئەل قاتارىدىن يوقىتايلى» دەپ
سۇيىقەست قىلىدۇ؛ سەنمۇ، ئى مادمەن، تۇگەشتۈرۈلىسەن؛ قىلىچ
سېنى قوغلايدۇ. [3]ھورونائىمدىن ئاھ-زارلار كۆتۈرۈلىدۇ: ــ «ئاھ،

---

5:47 **«گازانىڭ ئۈستى تاقىرلىق بولىدۇ»** ــ بەزى ئالىملار بۇنى «گازادىكىلەر قايغۇرۇپ چاچلىرىنى چۈشۈرىدۇ» دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە بىرىنچى مەنىسى شەھەر خارابىلىك بولۇپ «تاقىر يەر» بولىدۇ. بۇ سۆز ئىككى بىسلىق بولۇپ ئىككىنچى مەنىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن.
—«داڭ قېتىپ قالىدۇ»نىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «تۈگىشىدۇ». **«فىلىستىيەنىڭ كۆچلىرىدىن ئامان قالغانلار»** ــ بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «فىلىستىيە جىلغىسىدا قالغانلار». **«قاچانغىچە ئەتلىرىڭلارنى تىلىسىلەر»** ــ «ئەتلىرىنى تىلىش» قاتتىق قايغۇنى بىلدۈرەتتى. بۇ ئادەت تەۋراتتا مەنئى قىلىنغان.
5:47 قان. 1:14؛ يەر. 6:16؛ 20:25
1:48 **«يۇقىرى قورغان»** ــ (ئىبرانيي تىلىدا «مىسگاب») بەلكىم بىر شەھەرنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن.
1:48 يەر. 21:25؛ 3:27
2:48 **«....نېبونىڭ ھالىغا ۋاي! ... كىرىئاتايىم خىجالەتكە قالدۇرۇلۇپ، ئىشغال قىلىندۇ**
**1-ئايەت؛ ھەشبون ...مادمەن،...»** ــ دېمىسەكمۇ، نېبو، كىرىئاتايىم، ھەشبون، مادمەن ۋە تۆۋەندىكى ئايەتلەردىكى ھورونائىم، لۇخىت، ئاروئەر، بەيت-گامۇل، دىبون قاتارلىقلار موئابتىكى

**ۋەيرانچىلىق، دەھشەتلىك پاتىپاراقچىلىق!»**
**[4] موئاب بىتچىت قىلىندى! ئۇنىڭ كىچىكلىرىدىن پەريادلىرى**
**ئاڭلىنىدۇ. [5] بەرھەق، لۇھىتقا چىقىدىغان داۋان يولىدىن توختىماي**
**يىغىلار كۆتۈرۈلىدۇ؛ ھورونائىمغا چۈشىدىغان يولدا ھالاكەتتىن**
**ئازابلىق نالە-پەريادلار ئاڭلىنىدۇ. [6] قېچىڭلار، جېنىڭلارنى ئېلىپ**
**يۈگۈرۈڭلار! چۆلدىكى بىر چاتقال بولۇڭلار! [7] چۈنكى سەن ئۆز**
**قىلغانلىرىڭغا ۋە بايلىقلىرىڭغا تايانغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن،**
**سەنمۇ ئەسىرگە چۈشىسەن؛ بۇتۇڭ كېموش، ئۇنىڭ كاھىنلىرى ھەم**
**ئەمىرلىرى بىلەن بىللە سۈرگۈن بولىدۇ. [8] ۋەيران قىلغۇچى ھەربىر**
**شەھەرگە جەڭ قىلىدۇ؛ شەھەرلەردىن ھېچقايسى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ؛**
**پەرۋەردىگار دېگەندەك جىلغىمۇ خارابە بولىدۇ، تۈزلەڭلىكمۇ**
**ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.**
**[9] دالدىغا بېرىپ قېچىش ئۈچۈن موئابقا قاناتلارنى بېرىڭلار! چۈنكى**
**ئۇنىڭ شەھەرلىرى خارابىلىك، ئادەمزاتسىز بولىدۇ [10] (پەرۋەردىگارنىڭ**

---

شەھەرلەردۇر. خەرىتىنى كۆرۈڭ. «ھەشبون» بولسا موئابنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بېشارەت بويىچە باشقا شەھەرلەردىن ئىلگىرى بەلكىم دۈشمەن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ ئاندىن دۈشمەننىڭ قوشۇنى ئۈچۈن بازا بولىدۇ. «ھەشبون» ۋە «سۈيىقەست» («خېشاب») ئىبرانىي تىلىدا يېقىن سۆزلەردۇر.
—يەھۇدىي تارىخشۇناس يوسېفۇسنىڭ خاتىرىسى بويىچە، موئاب نېبوقادنەسار پادىشاھ تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 582-يىلى ئىگىلىنىپ، نۇرغۇن شەھەرلىرى ۋەيران قىلىنغان.

**5:48** يەش. 5:15

**6:48** يەر. 6:17

**7:48 «بۇتۇڭ كېموش، ئۇنىڭ كاھىنلىرى ھەم ئەمىرلىرى بىلەن بىللە سۈرگۈن بولىدۇ»** — كېموش موئاب چوقۇنغان بۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئۆز بالىلىرىنى قۇربانلىق قىلىش ئادىتى بار ئىدى («2پاد.» 27:3نى كۆرۈڭ).

**7:48** يەر. 3:49

**8:48 «پەرۋەردىگار دېگەندەك جىلغىمۇ خارابە بولىدۇ، تۈزلەڭلىكمۇ ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ»** — «جىلغا» ۋە «تۈزلەڭلىك» موئابنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

**9:48 «دالدىغا بېرىپ قېچىش ئۈچۈن موئابقا قاناتلارنى بېرىڭلار!»** — بۇ جۈملىدىكى ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش تەس. ئوقۇرمەنلەر باشقا خىل تەرجىمىلەرنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن.

**خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ قىلمىغان كىشى لەنەتكە قالسۇن!**
**قىلىچىنى قان تۆكۈشتىن قالدۇرغان كىشى لەنەتكە قالسۇن!).**
**[11] موئاب ياشلىقىدىن تارتىپ كەڭ-كۇشادە ياشاپ ئارزاڭلىرى ئۈستىدە**
**تىنغان شارابتەك ئەندىشىسىز بولۇپ كەلگەن؛ ئۇ ھېچقاچان كۈپتىن**
**كۈپكە قۇيۇلغان ئەمەس، ياكى ھېچ سۈرگۈن بولغان ئەمەس؛ شۇڭا**
**ئۇنىڭ تەمى بىرخىل بولۇپ، پۇرىقى ھېچ ئۆزگەرمىگەن. [12] شۇڭا،**
**— دەيدۇ پەرۋەردىگار، — مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئۇلارنى ئۆز كۈپىدىن**
**تۆكىدىغان تۆككۈچىلەرنى ئەۋەتىمەن؛ ئۇلار ئۇنىڭ كۈپلىرىنى**
**قۇرۇقدايدۇ، ئۇنىڭ چۆگۈنلىرىنى چېقىۋېتىدۇ. [13] ئۆتكەندە ئىسرائىل**
**جەمەتى ئۆز تايانچىسى بولغان بەيت-ئەل تۈپەيلىدىن يەرگە قاراپ**
**قالغاندەك موئابمۇ كېموش تۈپەيلىدىن يەرگە قاراپ قالىدۇ.**
**[14] سىلەر قانداقمۇ: «بىز باتۇر، جەڭگىۋار پالۋانمىز!» — دېيەلەيسىلەر؟**
**[15] موئابنىڭ زېمىنى خارابە قىلىنىدۇ؛ دۈشمەن ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ**

---

10:48 **«پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ قىلمىغان كىشى لەنەتكە قالسۇن! قىلىچىنى قان تۆكۈشتىن قالدۇرغان كىشى لەنەتكە قالسۇن!»** — بۇ كىنايىلىك، ھەجۋىي سۆزلەر كەلگۈسىدە موئابقا ھۇجۇم قىلىدىغان بابىللىق لەشكەرلەرگە ئېيتىلىدۇ.

11:48 **«موئاب ياشلىقىدىن تارتىپ كەڭ-كۇشادە ياشاپ ئارزاڭلىرى ئۈستىدە تىنغان شارابتەك ئەندىشىسىز بولۇپ كەلگەن»** — شاراب تىنىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت مىدىرلىتىلماي تۇرۇشى كېرەك. تىنغان «ئارزاڭلار»، (دۇغ، چۆكۈندە) ناھايىتى ئاچچىق بىر نەرسە، ئەلۋەتتە. شۇڭا باشقا كۈپكە قۇيۇلماي قالسا، تەمى قىرتىق، ئاچچىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. **«ئۇ ھېچقاچان كۈپتىن كۈپكە قۇيۇلغان ئەمەس، ياكى ھېچ سۈرگۈن بولغان ئەمەس؛ شۇڭا ئۇنىڭ تەمى بىرخىل بولۇپ، پۇرىقى ھېچ ئۆزگەرمىگەن»** — بۇ ئوخشىتىش بەلكىم موئابنىڭ ھېچ قىيىنچىلىققا ئۇچرىماي، كۆرەڭلىك قىلغانلىقى، تولىمۇ كېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**11:48** زەف. 12:1

12:48 **«مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئۇلارنى ئۆز كۈپىدىن تۆكىدىغان تۆككۈچىلەرنى ئەۋەتىمەن»** — بۇ ئوخشىتىشتىكى «شاراب» موئابتىكى ئاھالىنى، «كۈپلىرى»، «چۆگۈنلىرى» ئۇنىڭ يۇرت-شەھەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

13:48 **«بەيت-ئەل»** — مۇشۇ شەھەر ئىسرائىل (شىمالىي پادىشاھلىق)نىڭ چوڭ بۇتپەرەس مەركىزى بولۇپ، ئۇلار شۇ يەردە «ئالتۇن موزاي بۇت»نى قۇرغان («1پاد.» 12-بابنى، «ھوش.» 5:10 ھەم 8:5-6، «ئام.» 7:10-17نى كۆرۈڭ).

**13:48** 1پاد. 29:12

سېپىللىرىغا چىقىدۇ؛ ئۇنىڭ ئېسىل يىگىتلىرى قەتل قىلىنىشقا
چۈشىدۇ، ــ دەيدۇ پادىشاھ، يەنى نامى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار.
[16] ــ موئابنىڭ ھالاكىتى يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ كۈلپىتى بېشىغا
چۈشۈشكە ئالدىرايدۇ. [17] ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئاھ-زار كۆتۈرۈڭلار؛ ئۇنىڭ نام-شۆھرىتىنى بىلگەنلەر:
«كۈچلۈك شاھانە ھاسىسى، گۈزەل تايىقىمۇ شۇنچە سۇندۇرۇلدىغۇ!»
ــ دەڭلار. [18] شان-شۆھرىتىڭدىن چۈشۈپ قاغجىراپ كەتكەن يەردە
ئولتۇر، ئى دىبوندا تۇرۇۋاتقان قىز؛ چۈنكى موئابنى ھالاك قىلغۇچى
ساڭا جەڭ قىلىشقا يېتىپ كەلدى؛ ئۇ ئىستىھكام-قورغانلىرىڭنى
بەربات قىلىدۇ.
[19] يول بويىدا كۆزەت قىل، ئى ئاروئەردە تۇرۇۋاتقان قىز؛ بەدەر تىكىۋاتقان
ئەردىن ۋە قېچىۋاتقان قىزدىن: «نېمە بولدى؟» دەپ سورا؛ [20] «موئاب
خىجالەتكە قالدى، چۈنكى ئۇ بىتچىت قىلىندى!» دەپ جاۋاب
بېرىلىدۇ. ئاھ-زار تارتىپ نالە-پەرياد كۆتۈرۈڭلار؛ ئارنوندا: «موئاب
ھالاك قىلىندى» ــ دەپ جاكارلاڭلار. [21] جازا ھۆكۈمى تۈزلەڭلىك
جايلىرى ئۈستىگە چىقىرىلدى؛ ھولون، ياھاز ۋە مەفائات ئۈستىگە،
[22] دىبون، نېبو ھەم بەيت-دىبلاتائىم ئۈستىگە، [23] كىرىئاتايىم، بەيت-
گامۇل ھەم بەيت-مېئون ئۈستىگە، [24] كېرىئوت، بوزراھ ھەم موئابدىكى
يىراق-يېقىن بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلىدۇ. [25] موئابنىڭ
مۈڭگۈزى كېسىۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلىكى سۇندۇرۇلىدۇ، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار. [26] ــ ئۇنى مەست قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارغا
ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق قىلغان؛ موئاب ئۆز قۇسۇقىدا ئېغىناپ ياتسۇن،

---

**20:48** يەش. 7:16

**25:48** **«موئابنىڭ مۈڭگۈزى كېسىۋېتىلىدۇ»** ــ تەۋراتتا، «مۈڭگۈز»لەر كۆپ ھاللاردا ئادەملەرنىڭ ئابرۇيى-شۆھرىتى ياكى ھوقۇقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆسكەن ئەمەس، ئەلۋەتتە!

شۇنىڭ بىلەن رەسۋا قىلىنسۇن. [27] چۈنكى سەن موئاب ئىسرائىلنى
مازاق قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئوغرىلار قاتارىدا تۇتۇۋېلىنغانمۇ، سەن
ئۇنى تىلغا ئالساڭلا بېشىڭنى چايقايسەن؟!
[28] شەھەرلەردىن چىقىپ تاش-قىيالار ئارىسىنى تۇرالغۇ قىلىڭلار، ئى
موئابدا تۇرۇۋاتقانلار؛ غار ئاغزىدا ئۇۋۇلىغان پاختەكتەك بولۇڭلار!
[29] بىز موئابنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى (ئۇ ئىنتايىن ھاكاۋۇر!)، يەنى ئۇنىڭ
تەكەببۇرلۇقى، ھاكاۋۇرلۇقى، كۆڭلىدىكى مەغرۇر-كۆرەڭلىكى
توغرىسىدا ئاڭلىدۇق. [30] مەن ئۇنىڭ نوچىلىق قىلىدىغانلىقىنى
بىلىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ بىراق نوچىلىقى كارغا يارىمايدۇ؛
ئۇنىڭ چوڭ گەپلىرى بىكار بولىدۇ. [31] شۇڭا مەن موئاب ئۈچۈن زار
يىغلايمەن، موئابنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن زار-زار كۆتۈرىمەن؛
كىر-خارەسەتتىكىلەر ئۈچۈن ئاھ-پىغان ئاڭلىنىدۇ.
[32] ئى سىبماھتىكى ئۈزۈم تېلى، مەن يائازەرنىڭ زار-يىغىسى بىلەن
تەڭ سەن ئۈچۈن يىغلايمەن؛ سېنىڭ پېلەكلىرىڭ سوزۇلۇپ، ئەسلىدە
«ئۆلۈك دېڭىز»نىڭ نېرىغا يەتكەنىدى؛ ئۇلار ئەسلىدە يائازەر
شەھىرىگىچىمۇ يەتكەنىدى. لېكىن سېنىڭ يازلىق مېۋىلىرىڭگە،
ئۈزۈم ھوسۇلۇڭ ئۈستىگە بۇزغۇچى بېسىپ كېلىدۇ. [33] شۇنىڭ بىلەن

---

**26:48 «موئابنى مەست قىلىڭلار»** ــ يۇقىرىدا (25-بابتا) يەرەمىيا «پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىگە تولغان قەدەھ» توغرۇلۇق سۆزلىگەچكە، بەزى ئالىملار بۇ «مەستلىك» شۇ قەدەھتىن ئىچىشتىن بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە بۇ بىر تەرەپتىن توغرا، خۇدانىڭ غەزىپى بېشىغا چۈشۈرۈلگەندە دەسلەپتىلا ئەقلىنى يوقىتىپ ئالجىغانلىقى بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تەكىتلەيدىغىنى ئۇلارنىڭ ھاماقەتلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت.

**29:48 «بىز موئابنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ...، يەنى ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى، .... كۆڭلىدىكى مەغرۇر-كۆرەڭلىكى توغرىسىدا ئاڭلىدۇق»** ــ بۇ ئايەتتىكى «بىز... ئاڭلىدۇق» دېگۈچى خۇدانىڭ ئۆزىدۇر. خۇدا ئۆزى توغرۇلۇق «بىز» دەپ ئىشلەتكەنلىكى تەۋراتتىكى باشقا يەرلەردىمۇ بار؛ مەسىلەن «يار.» 26:1، 22:3، 7:11نى ھەم «يەش.» 8:6نى كۆرۈڭ. بەزى ئالىملار ئايەتتىكى «بىز»نى يەرەمىيا ھەم يەھۇدا خەلقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**29:48** يەش. 6:16

**32:48 «ئى سىبماھتىكى ئۈزۈم تېلى، مەن يائازەرنىڭ زار-يىغىسى بىلەن تەڭ سەن ئۈچۈن يىغلايمەن...»** ــ 30-ئايەتتىكى سۆزلىگۈچى خۇدا بولغاندىن كېيىن («مەن ..بىلىمەن...»)

شادلىق ۋە خۇشاللىق موئابنىڭ باغ-ئېتىزلىرىدىن ۋە زېمىنىدىن
مەھرۇم قىلىنىدۇ؛ مەن ئۈزۈم كۆلچەكلىرىدىن شارابنى يوقىتىمەن؛ ئۈزۈم
چەيلىگۈچىلەرنىڭ تەنتەنە ئاۋازلىرى قايتىدىن ياڭرىمايدۇ؛ ئاۋازلار
بولسا تەنتەنە ئاۋازلىرى ئەمەس، جەڭ ئاۋازلىرى بولىدۇ. 34 چۈنكى
نالە-پەريادلار ھەشبوندىن كۆتۈرۈلۈپ، ياھازغىچە ۋە ئېلېئالاھغىچە
يېتىدۇ؛ نالە ئاۋازلىرى زوئاردىن كۆتۈرۈلۈپ، ھورونائىمغىچە ۋە ئەگلات-
شېلىشىياغىچە يېتىدۇ؛ ھەتتا نىمرىمدىكى سۇلارمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ.
35 مەن موئابتا «يۇقىرى جايلار»دا قۇربانلىق قىلغۇچىلارنى ۋە يات
ئىلاھلارغا خۇشبۇي ياققۇچىلارنى يوقىتىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
36 ــ شۇڭا مېنىڭ قەلبىم موئاب ئۈچۈن نەيدەك مۇڭلۇق مەرسىيە
كۆتۈرىدۇ؛ مېنىڭ قەلبىم كىر-ھەرەستىكىلەر ئۈچۈنمۇ نەيدەك
مۇڭلۇق مەرسىيە كۆتۈرىدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئىگىلىۋالغان بايلىق-
خەزىنىلەر يوقاپ كېتىدۇ. 37 ھەممە باش تاقىر قىلدۇرۇلغان، ھەممە
ساقال چۈشۈرۈلگەن؛ ھەممە قول تىتما-تىتما كېسىلگەن، ھەممە

---

شۈبھىسىزكى، 31-، 32- ھەم 36-ئايەتلەردىكى سۆزلىگۈچىمۇ خۇدانىڭ ئۆزىدۇر. بۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. خۇدا يائازەردىكىلەرنى جازالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىبماھدىكى يوقىغان ئۈزۈمزارلار ئۈچۈن يىغلايدۇ. لېكىن خۇدا ئۇلارنى جازالىشى بىلەن ئۇلار بىلەن تەڭ قايغۇرىدۇ. **««ئۆلۈك دېڭىز»»** ــ ئىبرانيي تىلدا «يائازەر دېڭىزى». **«ئۇلار سىنىڭ پىلەكلىرىڭ ئەسلىدە يائازەر شەھىرىگىچىمۇ يەتكەنىدى...»** ــ «يائازەر» بولسا موئابنىڭ شىماليي چېگراسىغا يىراقراق بولۇپ، شەرق تەرىپى «چۆل-دالىلار»، غەرب تەرىپى «دېڭىز». دېمەك، موئاب خىلۋەت جاي بولغىنى بىلەن خېلى يىراقلارغا تەسىرى بولغان بىر مەملىكەتكە ئايلانغان. «يازلىق مېۋىلىرى» ئەنجۈر، خورما ۋە ئۈزۈملەرنى كۆرسىتىدۇ.

**33:48** يەش. 10:16

**34:48 «...نالە-پەريادلار ھەشبوندىن كۆتۈرۈلۈپ، ياھازغىچە ۋە ئېلېئالاھغىچە يېتىدۇ...»** ــ ئېلېئالاھ ھەشبوننىڭ شىماليي تەرىپىدىن 2 كىلومېتر يىراق؛ ياھاز ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن 2 كىلومېتر يىراق. بۇ ئۈچىسى موئابنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. زوئار، ھورونائىم ۋە ئەگلات-شېلىشىيا موئابنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى، «تاجاۋۇزلۇق باشلاندى» دېگەن بولۇپ، بۇ خەۋەر موئابنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا پۇر كېتىدۇ.

**34:48** يەش. 5:15، 6

**35:48 «يۇقىرى جايلار»** ــ بۇتپەرەسلىككە ئاتاپ بېغىشلانغان جايلار ئىدى.

چاتىراقتا بوز كىيىلگەن. [38] موئابنىڭ بارلىق ئۆي ئۆگزىلىرى ئۈستىدە
ۋە مەيدانلاردا ماتەم تۇتۇشتىن باشقا ئىش بولمايدۇ؛ چۈنكى مەن
موئابنى ھېچكىمگە ياقمايدىغان بىر قاچىدەك چېقىپ تاشلايمەن، ــ
دەيدۇ پەرۋەردىگار، [39] ــ ئۇلار پىغاندىن زارلىشىدۇ؛ موئاب شۇنچىلىك
پارە-پارە قىلىۋېتىلىدۇكى، ئۇ خىجالەتتىن كۆپچىلىككە ئارقىسىنى
قىلىدۇ؛ موئاب ئەتراپىدىكى ھەممە تەرىپىدىن رەسۋا قىلىنىدىغان،
ۋەھىمە سالغۇچى ئوبيېكت بولىدۇ.
[40] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، بىرسى بۈركۈتتەك
قاناتلىرىنى كېرىپ پەرۋاز قىلىپ، موئاب ئۈستىگە شۇڭغۇپ چۈشىدۇ.
[41] شەھەرلىرى ئىشغال بولىدۇ، ئىستىھكاملار ئىگىلىۋېلىنىدۇ؛ شۇ
كۈنى موئابدىكى پالۋانلارنىڭ يۈرىكى تولغاقتا چۈشكەن ئايالنىڭ
يۈرىكىدەك بولىدۇ. [42] موئاب ئەل قاتارىدىن يوقىتىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ
پەرۋەردىگار ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق قىلغان؛ [43] ۋەھشەت، ئورا ۋە قىلتاق
بېشىڭلارغا چۈشۈشنى كۈتمەكتە، ئى موئابدا تۇرۇۋاتقانلار، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار. [44] ــ ۋەھشەتتىن قاچقان ئورىغا يىقىلىدۇ؛ ئورىدىن چىققان
قىلتاقتا تۇتۇلىدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنى موئاب ئۈستىگە
جازالىنىش يىلىنى چۈشۈرىمەن ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[45] قاچقانلار ھەشبون سېپىلىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ئامالسىز قالىدۇ؛
چۈنكى ھەشبوندىن ئوت، ھەم مەھرۇم سىھون پادىشاھنىڭ زېمىنى

37:48 **«ھەممە باش تاقىر قىلدۇرۇلغان، ھەممە ساقال چۈشۈرۈلگەن؛ ھەممە قول تىتما-تىتما كېسىلگەن، ھەممە چاتىراقتا بوز كىيىلگەن»** ــ دېمىسەكمۇ، بۇ ھەربىكەتلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق ماتەمنى بىلدۈرىدۇ.

**37:48** يەش. 2:15، 3؛ يەر. 5:47

39:48 **«ۋەھىمە سالغۇچى ئوبيېكت»** ــ باشقىلار موئابنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاپەتكە قاراپ «بۇنداق دەھشەتلىك ئىش ئۆز بېشىمىزغىمۇ چۈشەرمۇ؟!» دەپ ۋەھىمىگە چۈشىدۇ.

**40:48** يەر. 13:4

41:48 **«شەھەرلىرى ئىشغال بولىدۇ»** ــ «شەھەرلىرى»نىڭ باشقا تەرجىمىسى «كېرىيوت» (شەھەرنىڭ ئىسمى).

44:48 **«جازالىنىش يىلى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «يوقلىنىشى يىلى».

ئوتتۇرىسىدىن بىر يالقۇن پارتلاپ چىقىدۇ ۋە موئابنىڭ چېكىلىرىنى،
سوقۇشقاق خەلقنىڭ باش چوققىلىرىنى يۇتۇۋالىدۇ.
46 ھالىڭغا ۋاي،
ئى موئاب! كېموشقا تەۋە بولغان ئەل نابۇت بولدى؛ ئوغۇللىرىڭ
ئەسىرگە چۈشىدۇ، قىزلىرىڭ سۈرگۈن بولىدۇ.
47 لېكىن، ئاخىرقى
زامانلاردا موئابنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرىمەن،
ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
موئاب ئۈستىگە چىقىرىدىغان ھۆكۈم مۇشۇ يەرگىچە.

## «4» ئاممونىيلار توغرۇلۇق ھۆكۈم

49
1 ئاممونىيلار توغرۇلۇق. پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ئىسرائىلنىڭ پەرزەنتلىرى يوقمىكەن؟ ئۇنىڭ مىراسخورلىرى
يوقمىدۇ؟ ئەمدى نېمىشقا مىلكوم گادنىڭ زېمىنىغا ۋارىسلىق
قىلدى، مىلكومغا تەۋە بولغان خەلق نېمىشقا گادنىڭ شەھەرلىرىدە
تۇرىدۇ؟
2 شۇڭا مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ

45:48 **قاچقانلار ھەشبون سېپىلىنىڭ داldىسىدا تۇرۇپ ئامالسىز قالدۇ؛ چۈنكى ھەشبوندىن ئوت، ھەم مەھرۇم سىھون پادىشاھنىڭ زېمىنى ئوتتۇرىسىدىن بىر يالقۇن پارتلاپ چىقىدۇ»** ــ ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىھون نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ھەشبون شەھىرىنى ئىشغال قىلغان، ئاندىن كېيىن موئابنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى ئىگىلىۋالغانىدى («چۆل.» 21:28-29نى كۆرۈڭ). **«ئوت.... موئابنىڭ چېكىلىرىنى، سوقۇشقاق خەلقنىڭ باش چوققىلىرىنى يۇتۇۋالىدۇ»** ــ «چېكىلىرىنى... باش چوققىلىرىنى...» بەلكىم موئابنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن «باش بولغانلارنى» ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. يەرەمىيانىڭ بېشارىتى ئالدىنئالا كۆرسەتكەن بۇ ھالاكەت تېخىمۇ قەدىمكى يەنە بىر بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بولىدۇ («چۆل.» 17:24نى ۋە 21:28-29نى كۆرۈڭ).

**45:48** چۆل. 28:21

1:49 **«مىلكوم»** ــ ئاممونىيلار چوقۇنغان بۇت ئىدى. گاد بولسا ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ بىرى؛ ئۇلارغا ئەسلىدە تەقسىم قىلىنغان زېمىن ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقى تەرىپىدە ئىدى. يەرەمىيا بېشارەت بەرگەن ۋاقىتتا، گادتىكىلەر خېلى بالدۇر ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن بولغانىدى. كېيىن ئەسلىي قوشنىلىرى بولغان ئاممونىيلار ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالغانىدى. خۇدا ئۇلارغا: «بۇ زېمىننى ئۆز خەلقىمگە تەقسىم قىلغانىدىم، ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا قايتىدىن ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

**1:49** ئام. 13:1

ئاممونىيلارنىڭ رابباھ شەھرىدە جەڭ سادالىرىنى ئاڭلىتىمەن؛ ئۇ
خارابىلىك دۆڭ بولىدۇ؛ تەۋە شەھەرلىرى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ؛
ئىسرائىل قايتىدىن ئۆزلىرىنى ئىگىلىۋالغانلارغا ئىگىدارچىلىق
قىلىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار. [3] زارلاڭلار، ئى ھەشبون! چۈنكى
ئايى شەھرى خارابە قىلىنغان! رابباھ قىزلىرى، ئۆزۈڭلارغا بۆز
رەختنى باغلاپ ماتەم تۇتۇڭلار؛ سېپىل ئىچىدە ئۇيان-بۇيان پاتىپاراق
يۈگۈرۈڭلار؛ چۈنكى مىلكوم ۋە ئۇنىڭ كاھىنلىرى، ئۇنىڭغا تەۋەلىك
ئەمىرلىرى سۈرگۈن بولىدۇ. [4] نېمىشقا كۈچ-ھەيۋىتىڭنى داڭلايسەن؟
سېنىڭ كۈچۈڭ ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ، ئى: «كىم ماڭا يېقىنلىشىشقا
پېتىنالىسۇن؟» دەپ ئۆز بايلىقلىرىڭغا تايانغان، ئاسىيلىق
قىلغۇچى قىز! [5] مانا، مەن بارلىق ئەتراپىڭدىكىلەردىن ۋەھشەت
چىقىرىپ ئۈستۈڭگە چۈشۈرىمەن، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار، ــ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھەربىرىڭلار
ھەيدىۋېتىلىسىلەر، ئالدى-كەينىڭگە قارىماي قاچىسىلەر؛
قاچقانلارنى يەنە يىغقۇچى ھېچكىم بولمايدۇ. [6] لېكىن كېيىنكى
كۈنلەردە، ئاممونىيلارنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرۇپ ئەسلىگە
كەلتۈرىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## «5» ئېدوم توغرۇلۇق ھۆكۈم

[7] ئېدوم توغرۇلۇق: ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ تېماندا ھازىر دانالىق
تېپىلمامدۇ؟ دانىشمەنلىرىدىن نەسىھەت يوقاپ كەتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ

---

**2:49** ئام. 14:1

**3:49 «سېپىل ئىچىدە ئۇيان-بۇيان پاتىپاراق يۈگۈرۈڭلار»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۆزۈڭلار تىتما-تىتما تىلىنغان ھالدا ئۇيان-بۇيان يۈگۈرۈڭلار». **«مىلكوم»** ــ ئاممونىيلارنىڭ بىر بۇتى ئىدى. باشقا ئىسمى «مولەك» ئىدى.

**3:49** يەش. 12:32؛ يەر. 8:4؛ 26:6؛ 7:48؛ ئام. 15:1

**4:49** يەر. 13:21؛ 7:48

دانالىقنى دات بېسىپ قالغانمۇ؟! [8] بۇرۇلۇپ قېچىڭلار، پىنھان
جايلاردىن تۇرالغۇ تېپىپ تۇرۇڭلار، ئى دېداندا تۇرۇۋاتقانلار! چۈنكى
مەن ئەساۋغا تېگىشلىك بالايىئاپەتنى، يەنى ئۇنى جازالايدىغان
كۈننى بېشىغا چۈشۈرىمەن. [9] ئۈزۈم ئۈزگۈچىلەر يېنىڭغا كەلسىمۇ،
ئۇلار ئازراق ۋاساڭلارنى قالدۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئوغرىلار كېچىلەپ
يېنىڭغا كىرسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە چۇشلۇقلا بۇزۇپ، ئوغرىلايدۇ
ئەمەسمۇ؟ [10] مەن ئەساۋنى يالىڭاچلىۋېتىمەن، ئۇ يوشۇرۇنغۇدەك
جاي قالمىغۇچە دالدا جايلىرىنى ئېچىپ تاشلايمەن؛ ئۇنىڭ نەسلى،
قېرىنداشلىرى ھەم قوشنىلىرى يوقايدۇ؛ ئۇ ئۆزى يوق بولىدۇ. [11] لېكىن
يېتىم-يېسىرلىرىڭنى قالدۇر، مەن ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلايمەن؛
تۇل خوتۇنلىرىڭ ماڭا تايانسۇن. [12] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

---

7:49 **«ئېدوم توغرۇلۇق: ...»** ــ بۇ بېشارەت (7-22)نىڭ تەۋراتتىكى «ئوبادىيا» دېگەن قىسىم بىلەن كۆپ ئورتاق يەرلىرى بار. ئوبادىياغا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە چۈشەندۈرگىنىمىزدەك ئىشىنىمىزكى، يەرەمىيا پەيغەمبەر خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر ئوبادىيانىڭ بېشارىتىدىكى كۆپ سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئىككى بېشارەتنىڭ بەزى يەرلىرى ئوخشىمىغاچقا، سۆزلىرىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ سېلىشتۇرۇشنىڭ كۆپ ئەھمىيىتى بار. **«تېماندا ھازىر دانالىق تېپىلمامدۇ؟ دانىشمەنلىرىدىن نەسىھەت يوقاپ كەتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ دانالىقنى دات بېسىپ قالغانمۇ؟!»** ــ تېمان ئېدومدىكى چوڭ شەھەر. ئېدومدىكىلەر ئۆز دانىشمەنلىرى بىلەن ئىنتايىن مەغرۇرلىناتتى.

**7:49** ئوب. 8

8:49 **«پىنھان جايلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «چوڭقۇر جايلار» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ بەلكىم ھەرخىل غار-ئۆڭكۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«مەن ئەساۋغا تېگىشلىك بالايىئاپەتنى، يەنى ئۇنى جازالايدىغان كۈننى بېشىغا چۈشۈرىمەن»** ــ ئېدومنىڭ باشقا ئىسمى «ئەساۋ» ئىدى. مۇشۇ بېشارەتتە «ئېدوم» ياكى «ئەساۋ» ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئېدوملۇقلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**8:49** يەر. 23:25

9:49 **«ئۈزۈم ئۈزگۈچىلەر يېنىڭغا كەلسىمۇ، ئۇلار ئازراق ۋاساڭلارنى قالدۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئۈزۈم ھوسۇلىنى ئالغاندا ئۈزگۈچىلەر كەمبەغەللەرنىڭ تېرىۋېلىشى ئۈچۈن بىرئاز ۋاساڭلارنى قالدۇرۇش كېرەك ئىدى («لاۋ.» 10:19). ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردە بۇ بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

**9:49** ئوب. 5

ـ مانا، غەزىپىمنىڭ قەدەھىدىن ئىچىشكە تېگىشلىك بولمىغانلار
چوقۇم ئۇنىڭدىن ئىچمەي قالمايدىغان يەردە، سەن جازالانماي
قالامسەن؟ سەن جازالانماي قالمايسەن؛ سەن چوقۇم ئۇنىڭدىن ئى
چىسەن. [13] چۈنكى ئۆز نامىم بىلەن قەسەم ئىچكەنمەنكى، ـ دەيدۇ
پەرۋەردىگار، ـ بوزراھ دەھشەت باسىدىغان ھەم رەسۋا قىلىنىدىغان
بىر ئوبيېكتى، خارابىلىك ۋە لەنەت سۆزى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
شەھەرلىرى دائىملىق خارابىلىك بولىدۇ.
[14] مەن پەرۋەردىگاردىن شۇ بىر خەۋەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم، ـ
ۋە بىر ئەلچى ئەللەر ئارىسىغا ئەۋەتىلگەندى ـ
ئۇ: «ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا يىغىلىڭلار! ئۇنىڭغا جەڭ قىلىشقا
ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!» ـ دەپ خەۋەر بېرىدۇ.
[15] مانا، مەن سېنى ئەللەر ئارىسىدا كىچىك،
ئىنسانلار ئارىسىدا كەمسىتىلگەن قىلىمەن.
[16] سېنىڭ ئۆزگىلەرگە دەھشەت سالىدىغانلىقىڭ،
كۆڭلۈڭدىكى تەكەببۇرلۇقۇڭ ئۆزۈڭنى ئالداپ قويدى؛
ھەي تىك قىيانىڭ يېرىقلىرى ئىچىدە تۇرغۇچى،
تۇرالغۇڭ ئېگىزلىكنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بولغۇچى،

---

12:49 **«غەزىپىمنىڭ قەدەھىدىن ئىچىشكە تېگىشلىك بولمىغانلار»** ــ يەھۇدا ئەمەس، بەلكى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئۆتەر يولىغا «تاسادىپىي» ئۇدۇل كېلىپ قالغان، يەھۇدانىڭ ۋە باشقا ئەللەرنىڭ گۇناھلىرى بىلەن مۇناۋەتسىز بولغان باشقا ئەللەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

13:49 **«ئۆز نامىم بىلەن قەسەم ئىچكەنمەنكى...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆزۈم بىلەن قەسەم ئىچكەنمەنكى». **«بوزراھ ... رەسۋا قىلىنىدىغان بىر ئوبيېكت»** ــ «بوزراھ» بەلكىم ئېدومدىكى ئەڭ مۇھىم شەھەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

14:49 **«بىر ئەلچى ئەللەر ئارىسىغا ئەۋەتىلگەندى»** ــ «ئەللەر» ئىسرائىلغا يات بولغان ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇنىڭغا جەڭ قىلىشقا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار»** ــ «ئۇنىڭغا» يەنى ئېدومغا. بەلكىم بۇ ئەلچى دۈشمەن ئەللەرنىڭ بىرىدىن چىققان بولۇپ، ئۇ باشقا ئەللەرنى ئېدومنى يوقىتىشقا چاقىرىدۇ.

14:49 ئوب. 1

15:49 **«مەن سېنى ئەللەر ئارىسدا كىچىك، ئىنسانلار ئارىسدا كەمسىتىلگەن قىلىمەن»** ــ «سېنى» ــ خۇدا ھازىر ئېدومنى «سېنى» دەپ، ئۇلارغا بىۋاستە سۆز قىلىدۇ.

گەرچە سەن چاڭگاڭنى بۈركۈتنىڭكىدەك يۇقىرى ياسىساڭمۇ،
مەن شۇ يەردىن سېنى چۈشۈرۈۋېتىمەن،
دەيدۇ پەرۋەردىگار.
17– ۋە ئېدوم تولىمۇ ۋەھىمىلىك بولىدۇ؛
ئېدومدىن ئۆتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بارلىق يارا-ۋابالىرى تۈپەيلىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئۇش-ئۇش قىلىدۇ.
18سودوم، گومورا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلىرى بىلەن بىرگە ئۆرۈۋېتىلگەندەك ئېدوممۇ شۇنداق بولىدۇ، – دەيدۇ پەرۋەردىگار، – ھېچكىم شۇ يەردە تۇرمايدۇ، ئىنسان بالىلىرى شۇ يەردە ئولتۇراقلاشمايدۇ. 19مانا، ئىئوردان دەرياسىدىكى چاۋار-چاتقاللىقتىن چىقىپ، دائىم ئېقىپ تۇرىدىغان شۇ سۈلار بويىدىكى يايلاقتىكى قويلارنى تارقاتقان بىر شىردەك مەن ئېدومدىكىلەرنى بەدەر قاچقۇزىمەن. ئەمدى كىمنى خالىسام مەن ئۇنى ئېدومنىڭ ئۈستىگە تىكلەيمەن؛ چۈنكى ماڭا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟ كىم مېنىڭدىن ھېساب ئېلىشقا مېنى چاقىرالايدۇ؟ مېنىڭ ئالدىمدا تۇرالايدىغان پادا باققۇچى بارمۇ؟ 20شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ ئېدومنى جازالاشتىكى مەقسىتىنى، شۇنىڭدەك تېماندىكىلەرنى جازالاش نىيىتىنى ئاڭلاڭلار: ئۇلارنىڭ پادا كىچىكلىرىمۇ تارتىپ ئېپكېتىلىدۇ؛ بەرھەق، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ يايلىقىنى ۋەيرانە قىلى

---

16:49 **«ھەي تىك قىيانىڭ يېرىقلىرى ئىچىدە تۇرغۇچى، تۇرالغۇڭ ئېگىزلىكنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بولغۇچى»** ــ دېمىسەكمۇ، ئېدوم پىنھانراق، چىقىش ئىنتايىن تەس بولغان تاغلىق رايوندا ئىدى. «تىك قىيا» («سېلا») دېگەن سۆز موئابنىڭ «سېلا» ئىسىملىك (ھازىرقى «پېترا»)، ئىنتايىن پىنھان بىر شەھىرىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن.

**16:49** يەر. 29:48

**17:49** يەر. 13:50

**18:49** يار. 25:19؛ يەر. 40:50؛ ئام. 11:4

**19:49** **«دائىم ئېقىۋاتقان شۇ سۈلار»** ــ ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۆزى.

**19:49** ئايۇپ 2:41؛ يەر. 5:12؛ 44:50

دۇ. [21] ئۇلارنىڭ يىقىلىپ كەتكەن ساداسىنى ئاڭلاپ يەر يۇزىدىكىلەر
تەۋرىنىپ كېتىدۇ؛ نالە-پەريادلىرى «قىزىل دېڭىز»غىچە ئاڭلىنىدۇ.
[22] مانا، بىرسى بۇركۇتتەك قانات يېيىپ پەرۋاز قىلىپ، بوزراھ ئۈستىگە
شۇڭغۇپ چۈشىدۇ. شۇ كۈنى ئېدومدىكى پالۋانلارنىڭ يۈرىكى تولغاقتا
چۈشكەن ئايالنىڭ يۈرىكىدەك بولىدۇ.

## «6» سۇرىيە پايتەختى دەمەشق توغرۇلۇق ھۆكۈم

[23] دەمەشق توغرۇلۇق: ــ
خامات، ئارپاد شەھەرلىرىدىكىلەر خىجالەتكە قالدۇرۇلىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار
شۇم خەۋەر ئاڭلايدۇ؛ ئۇلارنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كېتىدۇ؛ داۋۇلغۇپ
كەتكەن دېڭىزدەك ئۇلار ھېچ تىنچلىنالمايدۇ. [24] دەمەشق زەئىپلەشتى،
قېچىشقا بۇرۇلىدۇ؛ ئۇنى ۋەھىمە باسىدۇ؛ ئازابلار تولغاققا چۈشكەن
ئايالنى تۇتقاندەك، ئازاب ۋە دەرد-قايغۇ ئۇنى تۇتىدۇ. [25] نام-داڭقى
چىققان يۇرت، مەن ھۇزۇر ئالغان شەھەر شۇ دەرىجىدە تاشلىۋېتىلگەن
بولىدۇ! [26] شۇڭا ئۇنىڭ يىگىتلىرى كوچىلىرىدا يىقىلىدۇ، جەڭگىۋار
پالۋانلار شۇ كۈنى يوقىتىلىدۇ، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار؛ [27] ــ ھەم مەن دەمەشقنىڭ سېپىلىگە بىر ئوت

---

20:49 **«ئۇلارنىڭ پادا كىچىكلىرىمۇ تارتىپ ئېلىپكېتىلىدۇ»** ــ ياكى «ھەتتا پادا كىچىكلىرىمۇ ئۇلارنى ئېلىپكېتىدۇ».

**20:49** يەر. 45:50

22:49 **«بوزراھ»** ــ ئىنتايىن يۇقىرى قىيا تاش ئۈستىگە، «بۈركۈتنىڭ چاڭگىلى»دەك جايلاشقانىدى.

**22:49** يەر. 40،41:48

23:49 **«داۋۇلغۇپ كەتكەن دېڭىزدەك ئۇلار ھېچ تىنچلىنالمايدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «داۋۇلغۇپ كەتكەن دېڭىزدەك ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ھېچ ئارام تاپمايدۇ». خامات ھەم ئارپاد دېگەن ئىككى شەھەر نېبوقادنەسار مىسىرغا يۈرۈش قىلغان چاغدا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 604-يىلى) بېسىپ ئۆتكەن جايلار ئىدى. شۈبھىسىزكى، نېبوقادنەسار ئۇلارغىمۇ ھۇجۇم قىلغانىدى. مۇشۇ ئىككى شەھەر دەمەشقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كىچىك پادىشاھلىقلار ئىدى.

**23:49** يەش. 1:17

**24:49** يەر. 31:4؛ 24:6؛ 6:30

ياقىمەن، ئۇ بەن-ھادادنىڭ ئوردىلىرىنى يۇتۇۋالىدۇ.

## «7» كېدار ھەم ھازور توغرۇلۇق ھۆكۈم

28 بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار يەڭگەن كېدار توغرۇلۇق ھەم
ھازورنىڭ پادىشاھلىقلىرى توغرۇلۇق سۆز: ــ
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«ئورنۇڭدىن تۇر، كېدارغا ھۇجۇم قىلىپ، شەرقتىكى ئادەملەرنى بۇلاڭ-
تالاڭ قىل!» ــ دېيىلىدۇ؛
29 ھۇجۇم قىلغانلار ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى ھەم
پادىلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ چېدىر پەردىلىرى، بارلىق قاچا-
قۇچا، تۆگىلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ؛ خەق ئۇلارغا: «تەرەپ-تەرەپلەرنى
ۋەھىمە باسىدۇ!» دەپ ۋارقىرايدۇ.
30 قېچىپ كېتىڭلار، بەدەر تىكىپ
پىنھان جايلاردىن تۇرالغۇ تېپىپ تۇرۇڭلار، ئى ھازوردىكىلەر، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار، ــ چۈنكى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار سىلەرگە جەڭ
قىلىشقا قەست قىلغان، سىلەرگە قاراپ نىيىتى بۇزۇلغان.
31 ــ ئورنۇڭدىن تۇر، سىپىل-دەرۋازىلارغا ئىگە بولمىغان ئارامخۇدا
ياشاپ، تىنچ-ئامان تۇرغان ئەلگە جەڭ قىلىشقا چىق؛ ئۇلار يالغۇز
تۇرىدۇ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
32 ــ ئۇلارنىڭ تۆگىلىرى ئولجا، توپ-
توپ مال-ۋارانلىرى غەنىيمەت بولىدۇ؛ مەن چېكە چاچلىرىنى
چۈشۈرگەنلەرنى تۆت شامالغا تارقىتىمەن، ئۇلارنىڭ بېشىغا ھەر

---

27:49 **«بەن-ھاداد»** ــ دەمەشقنىڭ كۆپلىگەن پادىشاھلىرىنىڭ ئىسمى ئىدى.

27:49 ئام. 1:4،14

28:49 **«ئورنۇڭدىن تۇر، كېدارغا ھۇجۇم قىلىپ، شەرقتىكى ئادەملەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىل!»** ــ بۇ سۆز نېبوقادنەسارنىڭ قوشۇنىغا ئېيتىلىشى مۇمكىن. كېدار ۋە ھازورمۇ چارۋىچى كۆچمەن خەلق بولۇپ، چېدىردا ياشاپ، سېپىل-دەرۋازىلىق بولمىغان، ئەلۋەتتە.

31:49 **«ئورنۇڭدىن تۇر، سىپىل-دەرۋازىلارغا ئىگە بولمىغان ئارامخۇدا ياشاپ، تىنچ-ئامان تۇرغان ئەلگە جەڭ قىلىشقا چىق؛ ئۇلار يالغۇز تۇرىدۇ»** ــ بۇ سۆزمۇ بەلكىم نېبوقادنەسارنىڭ قوشۇنىغا ئېيتىلىشى مۇمكىن. كېدار ۋە ھازوردىكىلەر چېدىرلاردا تۇرۇپ، ھېچ سېپىل-دەرۋازىلىق بولغان ئەمەس.

ئەتراپىدىن كۆلپەت چۈشۈرىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ [33] ــ ھازور بولسا
چىلبۆرىلەرنىڭ تۇرالغۇسى، مەڭگۈگە ۋەيرانە بولىدۇ. ھېچكىم شۇ
يەردە تۇرمايدۇ، ئىنسان باللىرى شۇ يەردە ئولتۇراقلاشمايدۇ.

## «8» ئېلام توغرۇلۇق ھۆكۈم

[34] يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيا تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا،
پەرۋەردىگار يەرەمىيا پەيغەمبەرگە ئېلام توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزى: ــ
[35] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
مانا، مەن ئېلامنىڭ غوللۇق كۈچى بولغان ئوقياسىنى سۇندۇرىمەن.
[36] ئاسمانلارنىڭ تۆت چېتىدىن تۆت شامالنى چىقىرىپ ئېلامنىڭ
ئۈستىگە چۈشۈرىمەن؛ مەن ئۇلارنى بۇ تۆت شامالغا تارقىتىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن ئېلامدىن ھەيدەلگەنلەرنىڭ بارمايدىغان ئەل-
مەملىكەتلەر قالمايدۇ. [37] مەن ئېلامنى دۈشمەنلىرى ئالدىدا ھەم
جېنىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا دەككە-دۈككىگە چۈشۈرىمەن؛
دەھشەتلىك غەزىپىمنى بېشىغا تۆكۈپ، كۈلپەتلەرنى چۈشۈرىمەن؛
ئۇلارنى بەربات قىلغۇچە مەن قىلىچنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا
ئەۋەتىمەن. [38] مەن ئۆز تەختىمنى ئېلامدا تىكلەيمەن، شۇ يەردىن
پادىشاھى ۋە شاھزادىلىرىنى يوق قىلىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[39] ــ لېكىن ئاخىرقى زامانلاردا، مەن ئېلامنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتۇرۇپ
ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

---

32:49 **«چېكە چاچلىرىنى چۈشۈرگەنلەر»** ــ «چېكە چاچلىرىنى چۈشۈرگۈش» كېيىنكى دەۋرلەر
ھەم ھازوردىكىلەرنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك ئىدى.

**32:49** يەر. 9:25؛ 23:25

**33:49** يەر. 9:10؛ 22:10

35:49 **«ئېلامنىڭ غوللۇق كۈچى بولغان ئوقياسى...»** ــ ئېلام ھازىرقى ئىران زېمىنىدا تۇرغان
بىر خەلق ئىدى. ئېلامنىڭ قوشۇنىنىڭ چەنلەپ ئاتىدىغان، دەھشەتلىك مەرگەن ئوقياچىلىرى
بىلەن داڭقى چىققانىدى.

**39:49** يەر. 47:48

## «9» بابىل توغرۇلۇق ھۆكۈم

50 [1] پەرۋەردىگار يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق بابىل توغرۇلۇق،
يەنى كالدىيلەرنىڭ زېمىنى توغرۇلۇق ئېيتقان سۆز: ــ
[2] ئەللەر ئارىسىدا شۇ خەۋەرنى ئېلان قىلىپ جاكارلاڭلار، تۇغ
كۆتۈرۈڭلار؛ جاكارلاڭلار، ئۇنى يوشۇرماڭلار! ــ «بابىل ئىشغال
قىلىندى؛ بەل بولسا خىجالەتكە قالدۇرۇلدى، ماردۇك پاتىپاراق
بولۇپ كەتتى؛ بابىلنىڭ ئويما بۇتلىرى خىجالەتكە قالدۇرۇلدى،
يىرگىنچلىك نەرسىلىرى پاتىپاراقچىلىققا چۈشتى!» ــ دەڭلار.
[3] چۈنكى شىمالدىن ئۇنىڭغا جەڭ قىلماقچى بولغان بىر ئەل
كېلىدۇ؛ ئۇ ئۇنىڭ زېمىنىنى ۋەيران قىلىدۇ، ھېچكىم شۇ يەردە
تۇرمايدۇ؛ ئىنسان ھەم ھايۋانمۇ قېچىپ كېتىدۇ، ئۇلار يوق بولىدۇ.
[4] شۇ كۈنلەردە، شۇ چاغدا، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ ئىسرائىل خەلقى
كېلىدۇ، ئۇلار ھەم يەھۇدا خەلقى بىلەن بىللە كېلىدۇ، ئۇلار يىغلىغان
ھالدا مېڭىپ پەرۋەردىگار خۇداسىنى ئىزدەشكە كېلىدۇ. [5] ئۇلار
زىئوننىڭ يولىنى سورايدۇ، يۈزلىرىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ: «ھەرگىز
ئۇنتۇلماس مەڭگۈلۈك بىر ئەھدە بىلەن ئۆزىمىزنى پەرۋەردىگارغا
باغلايلى» ــ دەيدۇ.
[6] ــ مېنىڭ خەلقىم ئازغان قويلاردۇر؛ ئۇلارنىڭ باققۇچىلىرى
ئۇلارنى ئازدۇرغان، ئۇلارنى تاغلاردا تېنىتىپ يۈرگەن؛ ئۇلار تاغدىن
دۆڭگە كېزىپ يۈرۈپ، ئۆز ئارامگاھىنى ئۇنتۇغاندۇر. [7] ئۇلارنى
ئۇچرىتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى يەپ كەتكەن، كۈشەندىلىرى
ئۇلار توغرۇلۇق: «بىزدە بۇ ئىشلاردا ھېچ گۇناھ يوق، چۈنكى ئۇلار ئاتا-

---

2:50 **«ئەللەر ئارىسىدا شۇ خەۋەرنى ئېلان قىلىپ جاكارلاڭلار...! ــ «بابىل ئىشغال قىلىندى؛ بەل بولسا خىجالەتكە قالدۇرۇلدى، ماردۇك پاتىپاراق بولۇپ كەتتى؛ بابىلنىڭ ئويما بۇتلىرى خىجالەتكە قالدۇرۇلدى، يىرگىنچلىك نەرسىلىرى پاتىپاراقچىلىققا چۈشتى»** ــ بابىل شەھىرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ئىسرائىلنىڭ بىرىنچى سۈرگۈندىن 70 يىل كېيىن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى) پارس ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن بولغان. «بەل» ھەم «ماردۇك» (ياكى «مېروداق») بابىلدىكى ئىككى چوڭ بۇتنىڭ ئىسمى ئىدى.

**2:50** يەش. 1:46؛ يەر. 44:51

بوۋىلىرىنىڭ ئۈمىدى بولغان پەرۋەردىگار، يەنى ھەققانىيلىقنىڭ
يايلاق-تۇرالغۇسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا گۇناھ سادىر
قىلغان!» ــ دېگەن.
8 ئى خەلقىم، بابىل ئوتتۇرىسىدىن قېچىڭلار، كالدىيلەرنىڭ
زېمىنىنى تاشلاپ چىقىڭلار، پادىنى يېتەكلىگۈچى تېكىلەردەك
بولۇڭلار. 9 ــ چۈنكى مانا، شىمالىي زېمىندىن بابىلغا ھۇجۇم قىلماقچى
بولغان زور بىر توپ ئۇلۇغ ئەللەرنى قوزغايمەن؛ ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا
قارشى سەپكە قويىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بابىل شۇ يەردىن چىققانلار
تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقلىرىنىڭ ھەممىسى
باتۇر مەرگەنلەرنىڭكىدەك بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جەڭدىن
قۇرۇق قول كەلمەيدۇ. 10 كالدىيە بولسا ئولجا بولىدۇ؛ ئولجا ئالغان
بارلىق بۇلىغۇچىلار ئۇنىڭدىن قانائەتلىنىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
11 ــ چۈنكى سىلەر شادلانغانسىلەر، سىلەر يايراپ كەتكەنسىلەر،
ئى مىراسىم بولغان خەلقىمنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچىلار! چۈنكى
سىلەر چىمەندە تۇرغان موزايلاردەك سەكرىگەنسىلەر، ئايغىرلاردەك
خۇشاللىقتىن كىشنىگەنسىلەر! 12 ئەمدى ئانا يۇرتۇڭ زور خىجالەتكە
قالدۇرۇلىدۇ؛ رەسۋاچىلىق سېنى تۇغقۇچىنى قاپلايدۇ؛ مانا، ئۇ
ئەللەرنىڭ داشقىلى، ــ بىر جاڭگال، قاغجىراق يەر ۋە چۆل-باياۋان
بولۇپ قالىدۇ. 13 پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ھېچ

---

**7:50** يەر. 23:31

8:50 **«ئى خەلقىم، بابىل ئوتتۇرىسىدىن قېچىڭلار، ... پادىنى يېتەكلىگۈچى تېكىلەردەك بولۇڭلار»** ــ بۇ سۆزگە قارىغاندا ئوتتۇرا شەرقتىكى بەزى پادىچىلار تېكىلەرنى قوي پادىلىرىغا «يېتەكچى رول»دا ئىشلىتىدۇ. شۇڭا «پادىنى يېتەكلىگۈچى تېكىلەردەك بولۇڭلار» دېگىنى، «بىرىنچى بولۇپ بابىلدىن چىقىپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇڭلار» دېگەن مەنىدە.

**8:50** يەش. 20:48؛ يەر. 6:51؛ ۋەھ. 4:18

9:50 **«ئۇلارنىڭ ئوقلىرىنىڭ ھەممىسى باتۇر مەرگەنلەرنىڭكىدەك بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جەڭدىن قۇرۇق قول كەلمەيدۇ»** ــ دېمەك، بەتلەنگەن ھەربىر ئوقى زايە كەتمەيدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئوقلىرىنىڭ ھەممىسى جەڭدىن قولى قۇرۇق (ئولجىسىز) قايتىپ كەلمەيدىغان باتۇر جەڭچىلەردەك بولىدۇ...».

ئاھالىسى بولمايدۇ، بەلكى تولۇق تاشلىۋېتىلگەن بولىدۇ؛ بابىلدىن
ئۆتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بارلىق يارا-ۋابالىرى تۇپەيلىدىن
ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۈش-ئۈش قىلىدۇ.

**14 بابىلغا جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەپكە تىزىلىڭلار،
بارلىق ئوقياچىلار؛ ئۇنىڭغا ئېتىڭلار، ئوقلارنى ھېچ ئايىماڭلار؛ چۈنكى
ئۇ پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلغان. 15 ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەڭ
چۇقانلىرىنى كۆتۈرۈڭلار؛ ئۇ تەسلىم بولۇپ قول كۆتۈرىدۇ؛ مۇنارلىرى
ئۆرۈلىدۇ، سېپىللىرى غۇلىتىلىدۇ؛ چۈنكى بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالغان
قىساسىدۇر. ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىڭلار؛ ئۇ باشقىلارغا نېمە قىلغان
بولسا ئۇنىڭغىمۇ شۇنى قىلىڭلار. 16 بابىلدىن ئۇرۇق تېرىغۇچى ھەم
ھوسۇل ۋاقتىدىكى ئورغاق سالغۇچىلارنى يوق قىلىڭلار؛ زۇلۇمكارنىڭ
قىلىچىنىڭ قورقۇنچى تۇپەيلىدىن بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئېلىگە
قايتىپ، ھەربىرى ئۆز ئانا يۇرتىغا قاچسۇن!
17 ئىسرائىل تارقىتىۋېتىلگەن قوي پادىسىدۇر؛ شىرلار ئۇلارنى
ھەيدىۋەتكەن؛ دەسلەپتە ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى ئۇلارنى يەپ كەتكەن،
ئاخىرىدا بۇ بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى
ئېزىپ غاجىلىغان. 18 شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن
ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئۇنى جازالىغىنىمدەك،
مەن بابىل پادىشاھىنى ھەم زېمىنىنى جازالايمەن. 19 مەن ئىسرائىلنى
قايتىدىن ئۆز يايلىقىغا قايتۇرىمەن، ئۇ كارمەل تېغىدا، باشان**

---

**13:50** يەر. 17:49

**15:50** ۋەھ. 6:18

16:50 **«بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئېلىگە قايتىپ، ھەربىرى ئۆز ئانا يۇرتىغا قاچسۇن!»** ــ «ھەربىرى... ھەربىرى...» بەلكى بابىلدا «قارا ئەمگەك» قىلغان چەتئەللىك ئەمگەكچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار نۇرغۇن يەھۇدىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

**18:50** 2پاد. 35:19، 37؛ يەش. 36:37، 38

**زېمىنىدا ئوزۇقلىنىدۇ، ئۇنىڭ جېنى ئەفرائىم تېغى ئۈستىدە ھەم
گىلېئاد زېمىنىدا قانائەتلىنىدۇ. [20] شۇ كۈنلەردە، شۇ چاغدا، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار، ــ ئىسرائىلنىڭ قەبىھلىكى ئىزدەلسە، ھېچ تېپىلمايدۇ؛
يەھۇدانىڭ گۇناھلىرى ئىزدەلسە، ھېچ تېپىلمايدۇ؛ چۈنكى مەن
قالدۇرغان قالدىسىنى كەچۈرۈم قىلىمەن.
[21] ــ مېراتائىمنىڭ زېمىنىغا زەرب بىلەن جەڭ قىلىشقا، پېكودتا
تۇرۇۋاتقانلارغىمۇ جەڭ قىلىشقا چىقىڭلار؛ ئۇلارنى ۋەيران قىلىڭلار،
قالدۇقىنىمۇ ھالاك قىلىڭلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن نېمىنى
ساڭا بۇيرۇغان بولسام شۇنى ئادا قىلىڭلار. [22] جەڭ سادالىرى بابىل
زېمىنىدا ئاڭلىنىدۇ؛ ئۇ زور ھالاكەتنىڭ ساداسىدۇر! [23] ئەسلىدە پۈتكۈل
يەر يۈزىنى ئۇرغان بازغان شۇ دەرىجىدە سۇندۇرۇپ چېقىۋېتىلدىغۇ!
بابىل ئەللەر ئارىسىدا شۇنچە بىر دەھشەت باسقۇچى بولۇپ چىق
قانتىغۇ! [24] مەن ساڭا تۇزاق قۇردۇم؛ سەن، ئى بابىل، ھېچ بىلمەيلا
ئۇنىڭغا تۇتۇلدۇڭ؛ پەرۋەردىگار بىلەن قارشىلىشىشىڭ تۈپەيلىدىن
سەن تېپىلىپ تۇتۇلدۇڭ. [25] پەرۋەردىگار قورال ئامبىرىنى ئېچىپ،
غەزىپىدىكى قوراللىرىنى ئېلىپ چىقاردى؛ چۈنكى ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار كالدىيلەرنىڭ زېمىنىدا
قىلىدىغان ئىشى باردۇر.
[26] ئۇنىڭ ھەر چەت-چەتلىرىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىڭلار،
ئامبارلىرىنى ئېچىۋېتىڭلار؛ ئۇنچىلەرنى دۆۋىلىگەندەك ئۇنى خارابە-
خارابە قىلىپ دۆۋىلەپ ۋەيران قىلىڭلار؛ ئۇنىڭ ھېچنېمىسىنى
قالدۇرماڭلار! [27] ئۇنىڭ بارلىق تورپاقلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! ئۇلار**

---

21:50 **«مېرئاتائىمنىڭ زېمىنى»** ــ «مېراتائىم» بولسا بابىل زېمىنىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر. ئىسمى «ئىككى ھەسسىلىك ئاسيلىق» دېگەن مەنىدە، بابىلنىڭ خاراكتېرىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئەتەي مىسالغا ئېلىنغان بولۇشى كېرەك. «پېكود»دىكىلەر ئارامىيەدىكى خەلق بولۇپ، بابىلغا ئىتتىپاقداش ئىدى؛ «پېكود»نىڭ مەنىسى «جازا»دۇر.
—ئايەتتە بېرىلگەن بۇيرۇقلار يەنىلا شىمالدىن چىققان قوشۇنلارغا ئېيتىلىشى كېرەك.

23:50 **«بازغان»** ــ باشقا كۆپ ئەللەرنى ئۇرۇۋەتكەن بابىلنى كۆرستىدۇ.

26:50 **«...ئامبارلىرىنى ئېچىۋېتىڭلار؛ ئۇنچىلەرنى دۆۋىلىگەندەك ئۇنى خارابە-خارابە**

سويۇلۇشقا چۈشسۇن! ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! چۈنكى ئۇلارنىڭ كۈنى،
يەنى جازالىنىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. [28] ئاڭلاڭلار! زىئونغا كېلىپ،
پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ قىساسىنى، يەنى ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن
ئالغان قىساسىنى جاكارلايدىغان، بابىل زېمىنىدىن قاچقان پاناھ
ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاڭلار!
[29] بابىلغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئوقياچىلارنى، يەنى بارلىق كامانىنى
ئەگكۈچىلەرنى چاقىرىڭلار؛ بابىلنىڭ ئەتراپىدا بارگاھ قۇرۇپ
قورشىۋېلىڭلار؛ ھېچكىمنى قاچقۇزماڭلار؛ ئۆز قىلمىشىنى ئۆز
بېشىغا چۈشۈرۈڭلار؛ ئۇ نېمىلەرنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇنى
قىلىڭلار؛ چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارغا ــ ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس
بولغۇچىغا قارشى كۆرەڭلەپ كەتكەنىدى. [30] شۇڭا ئۇنىڭ يىگىتلىرى
كوچىلىرىدا يىقىلىدۇ؛ شۇ كۈنىدە ئۇنىڭ بارلىق جەڭچى پالۋانلىرى
يوقىتىلىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[31] مانا، مەن ساڭا قارشىدۇرمەن، ئى كۆرەڭلەپ كەتكۈچى، ــ دەيدۇ ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ــ چۈنكى سېنىڭ كۈنۈڭ،
يەنى مەن يېنىڭغا يېقىن كېلىپ جازالايدىغان كۈن يېتىپ كەلدى؛
[32] كۆرەڭلەپ كەتكۈچى پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ، ھېچكىم ئۇنى قايتىدىن
يۆلەپ تۇرغۇزمايدۇ؛ بەرھەق، مەن ئۇنىڭ شەھەرلىرىگە ئوت ياقىمەن، ئۇ
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ يۇتۇپ كېتىدۇ.
[33] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ
خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ ئىسرائىللار يەھۇدالار بىللەن بىللە ئېزىلىپ

---

**قىلىپ دۆۋىلەپ ۋەيران قىلىڭلار؛ ئۇنىڭ ھېچنېمىسىنى قالدۇرماڭلار!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... ئاش-بۇغداينى ساقلىغان ئامبارلىرىنى ئېچىڭلار؛ ئۇنى خارابە-خارابە قىلىپ دۆۋىلەپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ھېچنېمىسىنى قالدۇرماڭلار!».

27:50 **«ئۇنىڭ بارلىق تورپاقلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!»** ــ «تورپاقلىرى» بەلكىم ھەم بابىلنىڭ سەرخىل مال-ۋارانلىرىنى كۆرسەتكەن ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ سەرخىل لەشكەرلىرىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

**29:50** ۋەھ. 6:18، 7

**30:50** يەر. 26:49

خورلۇقنى كۆرگەن؛ ئۇلارنى ئەسىر قىلغانلار ئۇلارنى قاتتىق قاماپ
تۇتقاندى؛ ئۇلارنى قويۇۋېتىشنى رەت قىلغان. [34] لېكىن ئۇلارنىڭ
ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىسى كۈچلۈكتۇر؛ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى ئەستايىدىللىق
بىلەن سورايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ئاراملىق
بېرىدۇ، بابىلدىكىلەرگە ئارامسىزلىق يەتكۈزىدۇ. [35] كالدىيلەر
ئۈستىگە، بابىلدا تۇرۇۋاتقانلار ئۈستىگە ھەمدە بابىلنىڭ
ئەمىرلىرى ۋە دانىشمەنلىرى ئۈستىگە قىلىچ چۈشىدۇ، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار؛ [36] قىلىچ پالچىلار ئۈستىگە چۈشكەندە، ئۇلار ھاماقەت-
ئەخمەقلەردەك كۆرۈنىدۇ؛ قىلىچ ئۇلارنىڭ پالۋانلىرى ئۈستىگە
چۈشۈپ، ئۇلار پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ؛ [37] قىلىچ ئۇلارنىڭ ئاتلىرى
ئۈستىگە، جەڭ ھارۋىلىرى ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ سەپلىرىدە
تۇرغان بارلىق يات لەشكەرلەر ئۈستىگە چۈشىدۇ، ئۇلار ئاياللاردەك
بولىدۇ؛ قىلىچ خەزىنىلىرى ئۈستىگە چۈشىدۇ، ئۇلار بۇلاڭ-تالاڭ
قىلىنىدۇ. [38] قۇرغاقچىلىق ئۇلارنىڭ سۇلىرى ئۈستىگە چۈشۈپ،
ئۇلار قۇرۇپ كېتىدۇ؛ بۇلارنىڭ سەۋەبى زېمىنى ئويما بۇتلارغا تولۇپ،
ئۇلار قورقۇنچلۇق مەبۇدلار تۈپەيلىدىن تەلۋىشىپ كەتكەن. [39] شۇڭا
چۆلدىكى جانىۋارلار ۋە چىلبۆرىلەر بىرلىكتە شۇ يەردە تۇرىدۇ؛ شۇ
يەردە ھۇۋقۇشلار ماكانلىشىدۇ؛ ئۇ مەڭگۈگە ئادەمزاتسىز بولىدۇ،
دەۋردىن-دەۋرگە ھېچ ئاھالىلىك بولمايدۇ. [40] خۇدا سودوم ۋە گوموررانى
ئەتراپىدىكى شەھەرلىرى بىللە بىلەن ئۆرۈۋەتكىنىدەك، ھېچكىم شۇ
يەردە تۇرمايدۇ، ئىنسان بالىلىرى شۇ يەردە ئولتۇراقلاشمايدۇ، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار.

---

38:50 **«بۇلارنىڭ سەۋەبى زېمىنى ئويما بۇتلارغا تولۇپ، ئۇلار قورقۇنچلۇق مەبۇدلار تۈپەيلىدىن تەلۋىشىپ كەتكەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بۇلارنىڭ سەۋەبى زېمىنى ئويما بۇتلارغا تولغان، چۈنكى ئۇلار قورقۇنچلۇق مەبۇدلىرىنى داڭلاپ كەتكەنىدى».

**40:50** يار. 24:19؛ يەر. 18:49؛ يەش. 19:13؛ ئام. 11:4

41 ــ مانا، شىمالدىن بىر خەلق، ئۇلۇغ بىر ئەل چىقىپ كېلىدۇ؛ يەر
يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىدىن نۇرغۇن پادىشاھلار قوزغىلىدۇ. 42 ئۇلار
ئوقيا ھەم نەيزىنى تۇتۇپ قوراللىنىدۇ؛ ئۇلار ۋەھشىي، ھېچ رەھىم
كۆرسەتمەيدىغان بولىدۇ؛ ئاتلىرىغا مىنگەندە ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى
دېڭىزدەك شاۋقۇنلايدۇ؛ ئۇلار جەڭگە ئاتلاتقان ئادەملەردەك سەپ-سەپ
بولۇپ، ساڭا ھۇجۇم قىلماقچى، ئى بابىل قىزى! 43 بابىل پادىشاھى
ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا قوللىرى تىترەپ بوشاپ كېتىدۇ؛ غەم-قايغۇ
ئۇنى تۇتىدۇ، تولغاقتا چۆشكەن ئايالدەك ئازابلار ئۇنى بېسىۋالىدۇ.
44 مانا، ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى چاۋار-چاتقاللىقتىن چىقىپ، دائىم
ئېقىپ تۇرىدىغان شۇ سۇلار بويىدىكى يايلاقتىكى قويلارنى تارقاتقان
بىر شىردەك مەن بابىلدىكىلەرنى بەدەر قاچقۇزىمەن. ئەمدى كىمنى
خالىسام مەن ئۇنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تىكلەيمەن؛ چۈنكى ماڭا كىم
تەڭ كېلەلەيدۇ؟ كىم مېنىڭدىن ھېساب ئېلىشقا مېنى چاقىرالايدۇ؟
مېنىڭ ئالدىمدا تۇرالايدىغان پادا باققۇچى بارمۇ؟
45 شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ بابىلنى جازالاشتىكى مەقسىتىنى،
شۇنىڭدەك كالدىيلەرنىڭ زېمىنىنى جازالاش نىيىتىنى ئاڭلاڭلار:
ئۇلارنىڭ پادا كىچىكلىرىمۇ تارتىپ ئېپكېتىلىدۇ؛ بەرھەق،
قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ يايلىقىنى ۋەيرانە
قىلىدۇ. 46 بابىلنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ يەر يۈزى
تەۋرىنىپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ نالە-پەريادى بارلىق ئەللەرگىچە ئاڭلىنىدۇ.

---

**41:50** يەر. 6:22،30.

**43:50** يەر. 24:49.

**44:50 «دائىم ئېقىپ تۇرىدىغان شۇ سۇلار»** ــ ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۇلىرى ئۆزى.

**44:50** ئايۇپ 2:41؛ يەر. 19:22:49.

**45:50 «ئۇلارنىڭ پادا كىچىكلىرىمۇ تارتىپ ئېپكېتىلىدۇ»** ــ ياكى «ھەتتا پادا كىچىكلىرىمۇ ئۇلارنى ئېپكېتىدۇ».

**45:50** يەر. 20:49.

**46:50** يەر. 21:49.

## بابىل توغرۇلۇق ھۆكۈم ـ داۋامى

51 [1] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ مانا، مەن بابىلنى سوقىدىغان
ھەم «لەب-كاماي»دا تۇرۇۋاتقانلارنى سوقىدىغان بىتچىت
قىلغۇچى شامالنى قوزغاپ چىقىرىمەن؛ [2] مەن بابىلغا يات
ئادەملەرنى ئەۋەتىمەن؛ ئۇلار ئۇنى سورۇۋېتىدۇ، زېمىنىنى يەر بىلەن
يەكسان قىلىۋېتىدۇ؛ ئۇنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشكەن كۈنىدە
ئۇلار ئۇنىڭغا تەرەپ-تەرەپتىن قارشىلىششقا كېلىدۇ. [3] ئۇنىڭ
ئوقياچىلىرىغا كېرىچىنى تارتقۇدەك، ئورنىدىن تۇرغۇچىلارغا
دۇبۇلغا-ساۋۇت كىيگۈدەك پۇرسەت بەرمەڭلار؛ ئۇنىڭ يىگىتلىرىنىڭ
ھېچقايسىسىنى ئاياپ قويماڭلار؛ ئۇنىڭ پۈتكۈل قوشۇنىنى بىتچىت
قىلىڭلار. [4] كالدىيلەرنىڭ زېمىنىدا سانجىلغانلار، كوچىلىرىدا
قىلىچلانغانلار يىقىلسۇن! [5] چۈنكى ئىسرائىل ياكى يەھۇدامۇ ئۆز
خۇداسى تەرىپىدىن، يەنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئەمەس؛ چۈنكى بابىلنىڭ
زېمىنى ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى ئالدىدا سادىر قىلغان
گۇناھ بىلەن تولغاندۇر. [6] بارلىق ئەللەر، بابىل ئىچىدىن قېچىڭلار، ئۆز
جېنىڭلارنى ئېلىپ بەدەر قېچىڭلار! ئۇنىڭ قەبىھلىكىگە چېتىلىپ
قېلىپ ھالاك بولماڭلار؛ چۈنكى بۇ پەرۋەردىگارنىڭ قىساس ئالىدىغان

---

1:51 **«لەب-كاماي»** ــ كالدىيەنى بىر كىنايىلىككىنايىلىك «شىفىر» ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ. شىفىرنى ئىپادىلەش يولى بولسا، «كالدىيە» دېگەن سۆزنىڭ ھەربىر ھەرپىنى ئىبرانىي تىلىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئارقىدىن ئوقۇلغان ھەرپ بىلەن ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت. (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، «ئا»نى «ي» بىلەن، «ئە»نى «ئى» بىلەن ئالماشتۇرغانغا ئوخشاش). «لەب-كاماي» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى ئىبرانىي تىلىدا «تەتۈرچىلىك قىلغانلارنىڭ قەلبى»، «ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ قەلبى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئىنتايىن كىنايىلىك گەپتۇر.

—«شامال» بولسا، بەلكىم 2-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «يات ئادەملەر»نى كۆرسىتىدۇ.

**1:51** يەر. 11:4

**2:51** يەر. 11:4؛ 7:15

**4:51** يەر. 26:49

ۋاقتىدۇر؛ ئۇ قىلمىشىنى ئۆز بېشىغا قايتۇرىدۇ.
[7] بابىل پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىكى پۇتكۇل جاھاننى مەست قىلغۇچى
ئالتۇن قەدەھ بولغان؛ ئەللەر ئۇنىڭ شارىبىدىن ئىچكەن؛ ئەللەر
شۇنىڭ بىلەن ساراڭ بولۇپ كەتكەن. [8] بابىل تۇيۇقسىز يىقىلىپ
بىتچىت بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئاھ-زار كۆتۈرۈڭلار! ئۇنىڭ ئازابلىرى ئۈچۈن
تۇتىيا ئېلىڭلار؛ ئۇ بەلكىم ساقايتىلارمىكىن؟
[9] — «بىز بابىلنى ساقايتماقچىدۇق، لېكىن ئۇ ساقايمىدى؛ ئۇنىڭدىن ۋاز
كېچىپ ھەممىمىز ئۆز يۇرتىمىزغا قايتايلى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىگە
چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم جازاسى ئاسمانغا تاقىشىپ، كۆككە يېتىدۇ».
[10] — «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىزنى بارلىققا كەلتۈرگەندۇر؛ كېلەيلى،
زىئوندا پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ قىلغان ئىشىنى جاكارلايلى!»

---

6:51 **«بارلىق ئەللەر، بابىل ئىچىدىن قېچىڭلار، ئۆز جېنىڭلارنى ئېلىپ بەدەر قېچىڭلار! ... چۈنكى بۇ پەرۋەردىگارنىڭ قىساس ئالىدىغان ۋاقتىدۇر؛ ئۇ قىلمىشىنى ئۆز بېشىغا قايتۇرىدۇ»** — بەزى ئالىملار بۇ سۆزلەر «بارلىق ئەللەر»گە ئەمەس، بەلكى ئىسرائىلغا ئېيتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. 45-ئايەتتە ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ، لېكىن بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە بابىلدا ھەربىر ئەللەرگە ئېيتىلىدۇ. چۈنكى 9-ئايەتتە قاچقانلار «ھەممىمىز ئۆز يۇرتىمىزغا قايتايلى» دېيىشىدۇ

**6:51** يەر. 8،15،28:50؛ ۋەھ. 4:18

7:51 **«ئەللەر .... ساراڭ بولۇپ كەتكەن»** — بەلكىم بابىلنىڭ گۇناھىغا چېتىلىپ، شۇنىڭدەك جازاسىغىمۇ چېتىلىپ قېلىپ تولىمۇ دەككە-دۈككىگە چۈشىدۇ.

**7:51** ۋەھ. 18

**8:51** يەش. 9:21؛ يەر. 22:8؛ ۋەھ. 8:14؛ 2:18

9:51 **«بىز بابىلنى ساقايتماقچىدۇق، لېكىن ئۇ ساقايمىدى؛ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ ھەممىمىز ئۆز يۇرتىمىزغا قايتايلى»** — قارىغاندا بۇ سۆزلەر بابىل ئارىسىدا تۇرغان يات ئەللەرنىڭ ئېيتىدىغان سۆزلىرى. «ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم جازاسى ئاسمانغا تاقىشىپ، كۆككە يېتىدۇ» دېگەننى، خۇدانىڭ جازالىرىنى قوزغىغان، كونا زاماندىكى بابىل (بابەل) لىقلار قۇرماقچى بولغان «ئاسمانغا تاقىشىدىغان» مۇنار بىلەن سېلىشتۇرۇش پايدىلىق ئىش بولىدۇ. («يار.» 1:11-9نى كۆرۈڭ).

**9:51** يەر. 11:46

10:51 **«پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىزنى بارلىققا كەلتۈرگەندۇر»** — بەزى ئالىملار بۇ سۆزنى «پەرۋەردىگار بىزنى قۇتقۇزۇپ ئازاد قىلغاندۇر» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. لېكىن «تسەدەكاھ» (ھەققانىيلىق) تەۋراتتىكى باشقا ھېچ يەردە شۇنداق مەنىدە تېپىلمايدۇ. بىزنىڭچە بۇ سۆز

## پەرۋەردىگار مېدىئا قوشۇنلىرىغا، ئاندىن بابىلغا سۆز قىلىدۇ

[11] ــ ئوقلارنى ئۇچلاڭلار! قالقانلارنى تۇتۇڭلار! پەرۋەردىگار مېدىئانىڭ
پادىشاھلىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتتى؛ چۈنكى ئۇنىڭ نىيىتى بابىلغا
قارشىدۇر، ئۇنى ھەربات قىلىش ئۈچۈندۇر؛ بۇ پەرۋەردىگارنىڭ
قىساسىدۇر، يەنى ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن ئالغان قىساسىدۇر.
[12] بابىلنىڭ سېپىللىرىغا قارىتىپ جەڭ تۇغىنى كۆتۈرۈڭلار؛ كۆزەتنى
تېخىمۇ چىڭراق قىلىڭلار، كۆزەتچىلەرنى بابىلنى چۆرىدىتىپ سەپتە
تۇرغۇزۇڭلار؛ بۆكتۈرمە قويۇڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار بابىلدىكىلەرنىڭ
جازاسى توغرۇلۇق نىيەتلىرىنى دېگەن بولسا، ئۇ شۇنى كۆڭلىدە پەملەپ،
ئۇنى ئادا قىلىدۇ.
[13] ــ ئى ئەلۋەك سۇلار ئۈستىدە تۇرغۇچى، بايلىقلىرى نۇرغۇن بولغۇچى،
ئەجىلىڭ يېتىپ كەلدى، جېنىڭ ئۈلچىنىپ ئۈزۈلۈش ۋاقتى توشتى.

[14] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۆزى بىلەن
قەسەم قىلىپ: «توپ-توپ چېكەتكىلەردەك مەن سېنى ئادەملەر
بىلەن تولدۇرىمەن؛ ئۇلار سېنىڭ ئۈستۈڭدىن غەلبە تەنتەنىلىرىنى
كۆتۈرىدۇ» دېدى.
[15] ــ ئۇ بولسا يەر-زېمىننى كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ياساپ،
ئالەمنى دانالىقى بىلەن بەرپا قىلىپ،

---

ئىسرائىلنىڭ (ھەممىمىزگە ئوخشاش) ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ھەققانىيلىقى بولمىغاچقا، خۇدا ئۇلارغا ھەققانىيلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتىكى ھەققانىيلىق ئۆزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كېلىدۇ؛ «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىزدۇر» ــ بۇ مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىنىڭ شۇنىڭدەك يېڭى يېرۇسالېمنىڭ بىر نامىدۇر. 23:6نى ھەم 16:33نى كۆرۈڭ. **«كېلەيلى، زىئوندا پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ قىلغان ئىشىنى جاكارلايلى!»** ــ 9-ئايەتتىكى سۆزلەرنى كەلگۈسىدە بابىلدىن قاچىدىغان يات ئەللەر ئېيتىدۇ؛ 10-ئايەتتىكى سۆزلەرنى شۈبھىسىزكى، كەلگۈسىدە قانائان (پەلەستىن)غا قايتىپ كېلىدىغان ئىسرائىلنىڭ قالدىسى ئېيتىدۇ.

**11:51** يەر. 4:46؛ 28:50

**14:51** ئام. 8:6

ئاسمانلارنى ئەقىل-پاراستى بىلەن يايغۇچىدۇر؛
[16] ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋەتسە، ئاسمانلاردا سۇلار شاۋقۇنلايدۇ؛
ئۇ يەر چەتلىرىدىن بۇلۇت-تۇمانلارنى ئۆرلىتىدۇ؛
ئۇ يامغۇرلارغا چاقماقلارنى ھەمراھ قىلىپ بېكىتىدۇ،
شامالنى ئۆز خەزىنىلىرىدىن چىقىرىدۇ.
[17] بۇ بۇتپەرەسلەرنىڭ ھەربىرى ئەقىلسىز، بىلىمدىن مەھرۇملاردۇر؛
ھەربىر زەرگەر ئۆزى ئويغان بۇت تەرىپىدىن شەرمەندىگە قالىدۇ؛
چۈنكى ئۇنىڭ قۇيما ھەيكىلى يالغانچىلىق،
ئۇلاردا ھېچ تىنىق يوقتۇر.
[18] ئۇلار بىمەنىلەردۇر، مازاق ئوبيېكتىدۇر؛
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جازالىنىش ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار يوقىتىلىدۇ.
[19] ياقۇپنىڭ نېسىۋىسى بولغۇچى بۇلاردەك ئەمەستۇر؛
چۈنكى ھەممىنى ياسىغۇچى شۇدۇر؛
ىسرائىل بولسا ئۇنىڭ ئۆز مىراسى بولغان قەبىلىسىدۇر؛
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۇنىڭ نامىدۇر.

## پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا سۆز قىلىدۇ

[20] سەن ئىسرائىل مېنىڭ گۈرزەم،
مېنىڭ جەڭ قورالىمدۇرسەن؛
سېنىڭ بىلەن مەن ئەللەرنى بىتچىت قىلىمەن،

15:51 يار. 1:1؛ ئايۇپ 8:9؛ زەب. 2:104؛ يەش. 22:40؛ 24:44؛ 13:51؛ يەر. 12:10
16:51 يەر. 13:10
19:51 «ياقۇپنىڭ نېسىۋىسى بولغۇچى...» — ياقۇپ مۇشۇ يەردە ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسرائىلنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «ياقۇپنىڭ نېسىۋىسى» خۇدانىڭ ئۆزىدۇر، ئەلۋەتتە.
19:51 يەر. 16:10

سىنىڭ بىلەن پادىشاھلىقلارنى تارمار قىلىمەن؛
21 سىنىڭ بىلەن ھەم ئات ھەم ئات مىنگۈچىنى بىتچىت قىلىمەن؛
سىنىڭ بىلەن ھەم جەڭ ھارۋىسى ھەم ھەيدىگۈچىسىنى بىتچىت قىلىمەن؛
22 سىنىڭ بىلەن ھەم ئەر ھەم ئايالنى بىتچىت قىلىمەن؛
سىنىڭ بىلەن ھەم قېرى ھەم ياشلارنى بىتچىت قىلىمەن؛
سىنىڭ بىلەن ھەم يىگىت ھەم قىزنى بىتچىت قىلىمەن؛
23 سىنىڭ بىلەن ھەم پادىچى ھەم قوي پادىسىنى بىتچىت قىلىمەن؛
سىنىڭ بىلەن ھەم دېھقان ھەم بويۇنتۇرۇقتا قېتىلغان كالىلىرىنى بىتچىت قىلىمەن؛
سىنىڭ بىلەن ھەم ۋالىيلار ھەم ھۆكۈمرانلارنى بىتچىت قىلىمەن.
24 — مەن كۆز ئالدىڭلاردا بابىلنىڭ ھەم بارلىق كالدىيلەرنىڭ زىئوندا قىلغان بارلىق رەزىللىكىنى ئۆز بېشىغا چۈشۈرۈپ ياندۇرىمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار.

25 — مانا، مەن سەن بابىلغا قارشىمەن، ئى پۈتكۈل يەر يۈزىنى ھالاك قىلغۇچى تاغ؛
مەن قولۇمنى ئۈستۈڭگە سوزۇپ،
سېنى تىك يارلاردىن غۇلىتىپ،

---

**20:51 «سەن ئىسرائىل مېنىڭ گۈرزەم، مېنىڭ جەڭ قورالىمدۇرسەن؛ سىنىڭ بىلەن مەن ئەللەرنى بىتچىت قىلىمەن، سىنىڭ بىلەن پادىشاھلىقلارنى تارمار قىلىمەن...» —** ئەينى تېكستتە پەقەتلا «سەن ئىسرائىل مېنىڭ گۈرزەم» يېزىلىدۇ. ئەمدى خۇدانىڭ بۇ سۆزلىرى كىمگە ئېيتىلىدۇ؟

—بەزى ئالىملار (پېئىللارنى «ئۆتكەن زامان»غا ئۆزگەرتىپ) بابىلغا ئېيتىلغان، دەپ قارايدۇ. باشقىلار (كەلگۈسىدە بابىل ئىمپېرىيەسىنى ۋەيران قىلىدىغان) پارس ئىمپېرىيەسىگە ئېيتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ بىراق بىزنىڭچە ئۇلار ئىسرائىلنىڭ ئۆزىگە ئېيتىلىدۇ (24-ئايەتنى كۆرۈڭ). باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى بويىچە، ئاخىرقى زامانلاردا ئىسرائىل خەلقى خۇدانىڭ بىر جازالاش قورالى بولىدۇ (مەسىلەن، «يەش.» 5:41، «زەك.» 7:12نى كۆرۈڭ).

**20:51** يەر. 23:50

دومىلىتىپ چۈشۈرۈپ، سىنى كۆيۈپ تۈگىگەن بىر يانار تاغ قىلىمەن،
ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
26 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەندىن بۇرجەك چىقىرىش ئۈچۈنمۇ تاش تاپالمايدۇ،
ياكى ئۇل ئۈچۈنمۇ ھېچيەردىن تاش تاپالمايدۇ؛
چۈنكى سەن مەڭگۈگە بىر ۋەيرانە بولىسەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

27 ــ زېمىندا جەڭ تۇغىنى كۆتۈرۈڭلار،
ئەللەر ئارىسىدا كاناي چېلىڭلار؛
بابىلغا جەڭ قىلىشقا ئەللەرنى تەييارلاڭلار؛
ئارارات، مىننى ۋە ئاشكىناز پادىشاھلىقلىرىنى چاقىرىپ يىغىڭلار؛
ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇنلارغا بىر سەردار بېكىتىڭلار؛
ئاتلارنى توپ-توپ چېكەتكە لېچىنكىلىرىدەك زېمىنغا تۇركۇملەپ چىقىرىڭلار؛
28 ئۇنىڭغا جەڭ قىلىشقا ئەللەرنى تەييارلاڭلار،
مېدىئالىقلارنىڭ پادىشاھلىرى، ۋالىيلىرى ۋە بارلىق ھۆكۈمدارلىرىنى،
شۇنداقلا ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن زېمىنلارنىڭ بارلىق ئادەملىرىنى
تەييارلاڭلار! 29 شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزى تەۋرىنىپ ئازابلىنىدۇ؛ چۈنكى
پەرۋەردىگارنىڭ بابىلغا قارشى باغلىغان نىيەتلىرى، يەنى بابىلنىڭ
زېمىنىنى ھېچ ئادەم تۇرمايدىغان چۆل-باياۋان قىلىۋېتىش نىيىتى
ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ.

30 بابىلدىكى پالۋانلار ئۇرۇشتىن قول ئۈزىدۇ؛
ئۇلار قورغانلىرىدا ئامالسىز ئولتۇرىدۇ؛
ئۇلارنىڭ دەرمانى قالمايدۇ،
ئۇلار ئاياللاردەك بولۇپ قالىدۇ؛

---

27:51 **«چېكەتكە لېچىنكىلىرى»** ــ ئىبرانىي تىلدا بۇ سۆز بەلكىم چېكەتكە لېچىنكىسىنىڭ ئۆسۈش جەريانىدىكى ئەڭ زىيانلىق باسقۇچىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**ئۇنىڭ تۇرالغۇلىرىغا ئوت قويۇلىدۇ؛**
**دەرۋازا سالاسۇنلىرى سۇندۇرۇلىدۇ.**
**31 يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر چاپارمەن يەنە بىر چاپارمەنگە، بىر خەۋەرچى يەنە بىر خەۋەرچىگە بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىدىلا ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا: ــ**
**«سىلىنىڭ پۈتكۈل شەھەرلىرى ئۇ چەتتىن بۇ چەتكىچە ئىشغال قىلىندى؛**
**32 دەريا كېچىكلىرى ئىگىلىۋېلىندى،**
**قومۇشلۇقلار ئوتتا كۆيدۈرۈلدى،**
**پالۋانلىرى دەككە-دۈككىگە چۈشۈشتى!»**
**دەپ جاكارلىشىدۇ.**
**33 چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ــ**
**بابىلنىڭ قىزى تەكشىلىنىپ چىڭدىلىدىغان ۋاقتى بولغان خاماندەك بېسىلىدۇ؛**
**بىردەمدىلا، ئۇنىڭ ھوسۇلى ئورۇلىدىغان ۋاقتى يېتىپ بولىدۇ!**
**34-35 زىئوندا تۇرغۇچى قىز: ــ «بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار مېنى يۇتۇپ،**
**مېنى غاجىلاپ ئەزگەن؛**

---

**30:51** يەر. 37:50

32:51 **«دەريا كېچىكلىرى ئىگىلىۋېلىندى، قومۇشلۇقلار ئوتتا كۆيدۈرۈلدى، پالۋانلىرى دەككە-دۈككىگە چۈشۈشتى!» ــــ دەپ جاكارلىشىدۇ»** ــ بابىلنىڭ قانداق يول بىلەن ئىشغال قىلىنغانلىقىنىڭ تەپسىلاتلىرى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. پارس قوشۇنى ئەفرات دەرياسىنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، دەريا قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قۇرۇپ كېتىدۇ. پارسلار سۇ يوق دەريادىن مېڭىپ شەھەرگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئىچىدىكى «دەريا كېچىكلىرى» بىرىنچى بولۇپ ئىگىلىۋېلىندى. شەھەر ئەتراپىدىكى «قومۇشلۇقلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى»دىن مەقسەت شەھەردىن قاچقانلارغا يوشۇرۇنغۇدەك جايلار بولمىسۇن ئۈچۈن ئىدى.
33:51 **«ئۇنىڭ ھوسۇلى ئورۇلىدىغان ۋاقتى»** ــ بەلكىم ئادەملىرى ۋە ئىمارەتلىرى يىقىتىلىدىغان، يەنى ئۇنىڭ جازالىنىش ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ئىچىمنى بوشىتىلغان قاچىدەك قىلىپ قويغان؛
ئۇ ئەجدىھادەك مېنى يۇتۇپ،
ئۆزىنى نازۇ-نېمەتلىرىم بىلەن تويغۇزغان،
مېنى قۇرۇقداپ پاك-پاكىز قىلىۋەتكەن.
ماڭا، مېنىڭ تېنىمگە قىلغان زوراۋانلىقى بابىلنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلسۇن» ــ دەيدۇ،
ۋە يېرۇسالېم: «مېنىڭ قانلىرىم كالدىيەدە تۇرغۇچىلارنىڭ بېشىغا تۆكۈلسۇن» ــ دەيدۇ.
36 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
مانا، مەن سېنىڭ دەۋايىڭنى سورايمەن،
سەن ئۈچۈن قىساس ئالىمەن؛
مەن ئۇنىڭ دېڭىزىنى قۇرۇتىمەن، بۇلىقىنى قاغجىرىتىمەن.
37 بابىل بولسا دۆۋە-دۆۋە خارابىلەر،
چىلبۆرىلەرنىڭ تۇرالغۇسى بولىدۇ؛
زېمىنى ئادەمنى دەھشەت باسىدىغان ھەم دائىم ئۇش-ئۇش قىلىنىدىغان ئوبيېكت بولىدۇ،
ھېچ ئادەم شۇ يەردە تۇرمايدۇ.
38 ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياش شىرلاردەك ھۆۋلىشىدۇ،

---

35-34:51 **«بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار مېنى يۇتۇپ، مېنى غاجىلاپ ئەزگەن؛ ...ماڭا، مېنىڭ تېنىمگە قىلغان زوراۋانلىقى بابىلنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلسۇن» ــ دەيدۇ، ۋە يېرۇسالېم: «مېنىڭ قانلىرىم كالدىيەدە تۇرغۇچىلارنىڭ بېشىغا تۆكۈلسۇن» ــ دەيدۇ** ــ بۇ 34-35-ئايەتتىكى سۆزلىگۈچى «زىئوندا تۇرغۇچى قىز» بەلكىم «ئادەملەشتۈرۈلگەن» يېرۇسالېمغا ۋەكىل كېلىدۇ. **«ماڭا، مېنىڭ تېنىمگە قىلغان زوراۋانلىقى..»** ــ بەلكىم يېرۇسالېم ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى كۆرسىتىدۇ.

36:51 **«مانا، مەن سېنىڭ دەۋايىڭنى سورايمەن، سەن ئۈچۈن قىساس ئالىمەن؛ *مەن ئۇنىڭ دېڭىزىنى قۇرۇتىمەن، بۇلىقىنى قاغجىرىتىمەن»** ــ پارس قوشۇنى بابىلدىن ئۆتىدىغان ئەفرات دەرياسىنى قۇرۇتىدۇ. ئۇلار شۇ يول بىلەن شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**36:51** يەر. 38:50

**ئارسلانلاردەك بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىدۇ؛**
**[39] ئۇلارنىڭ كەيپىياتى قىزىپ كەتكەندە، مەن ئۇلارغا بىر زىياپەت**
**تەييارلاپ قويىمەنكى، ئۇلارنى مەست قىلىۋېتىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن**
**ئۇلار يايراپ-ياشناپ كېتىدۇ، ــ ئاندىن مەڭگۈگە ئۇيقۇغا غەرق**
**بولۇپ، قايتىدىن هېچ ئويغانمايدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار. [40] بوغۇزلاشقا**
**يېتىلىگەن قوزىلاردەك ۋە بىللە يېتىلەنگەن قوچقارلار ھەم**
**تېكىلەردەك مەن ئۇلارنى بوغۇزلاشقا چۈشۈرىمەن.**

**[41] شېشاقنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىغا قارا!**
**پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ پەخرىنىڭ تۇتۇلغانلىقىغا قارا!**
**بابىلنىڭ ئەللەر ئارىسىدا ئادەمنى دەھشەت باسىدىغان ئوبيېكتى**
**بولغانلىقىغا قارا!**
**[42] دېڭىز بابىل ئۈستىدىن ئۆرلەپ كەتتى؛**
**ئۇ نۇرغۇنلىغان دولقۇنلار بىلەن غەرق بولدى.**
**[43] ئۇنىڭ شەھەرلىرى ئادەمنى دەھشەت باسىدىغان ئوبيېكت،**
**قاغجىراق يەر، بىر چۆل، هېچكىم تۇرمايدىغان زېمىن بولدى؛**

---

38:51 **«ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياش شىرلاردەك ھۆۋلىشىدۇ، ئارسلانلاردەك بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىدۇ»** ــ بابىللىقلار هاراقكەشلىكىدىن ئاتىقى چىققانىدى. بۇ ئايەت بەلكىم شۇلارنىڭ مەست بولۇپ «شىر كەيپ» بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 39-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ. بابىلنىڭ پادىشاھى بەلشازار ئەمىر-ۋەزىرلىرى بىلەن بىللە مەست بولغاندا، شەھىرى بۆسۈلۈپ ئىشغال قىلىنغان («دان.» 5-بابنى ئوقۇڭ).

39:51 **«ئۇلارنىڭ كەيپىياتى قىزىپ كەتكەندە، مەن ئۇلارغا بىر زىياپەت تەييارلاپ قويىمەنكى، ئۇلارنى مەست قىلىۋېتىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يايراپ-ياشناپ كېتىدۇ، ــ ئاندىن مەڭگۈگە ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ، قايتىدىن هېچ ئويغانمايدۇ»** ــ بۇ بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى يەنە «دان.» 5-بابتا كۆرۈڭ.

41:51 **«شېشاقنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىغا قارا»** ــ «شېشاق» بابىلنى كۆرسىتىدىغان ھەجۋىي، كىنايىلىك بىر ئىسىم. 26:25تىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**41:51** يەش. 19:13؛ يەر. 26:25

42:51 **«دېڭىز ... دولقۇنلار...»** ــ تەۋرات-ئىنجىلدا كۆپ ۋاقىتلاردا سىمۋول سۈپىتىدە توپ-توپ قوشۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

ھېچقانداق ئىنسان بالىسى قايتىدىن شۇ يەرلەردىن ئۆتمەيدۇ.
44 مەن بابىلدا بەلنى جازالايمەن؛
مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن يۇتۇۋالغىنىنى ياندۇرۇۋالىمەن؛
ئەللەر قايتىدىن ئۇنىڭغا قاراپ ئېقىپ كېلىشمەيدۇ؛
بەرھەق، بابىلنىڭ سېپىلى غۇلاپ كېتىدۇ.
45 ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىڭلار، ئى خەلقىم!
ھەربىرىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپىدىن ئۆز جېنىڭلارنى ئېلىپ بەدەر قېچىڭلار!
46 سىلەر زېمىندا ئاڭلىنىۋاتقان پىتنە-ئىغۋادىن يۈرىكىڭلارنى سۇ قىلماڭلار ۋە قورقماڭلار؛
بۇ يىل بىر پىتنە-ئىغۋا، كېلەر يىلى يەنە بىر پىتنە-ئىغۋا چىقىدۇ؛
زېمىندا زۇلۇم-زوراۋانلىق پارتلايدۇ، ھۆكۈمدارلار ھۆكۈمدارلارغا قارشى چىقىدۇ.
47 شۇڭا مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى،
مەن بابىلدىكى ئويما مەبۇدلارنى جازالايمەن؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىنى خىجالەتكە قالدۇرۇلىدۇ،
ئۇنىڭدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۇنىڭ ئىچىدە يىقىلىدۇ؛
48 شۇنىڭ بىلەن ئاسمان ۋە زېمىن ۋە ئۇلاردا بار بولغانلار بابىل ئۈستىدىن شادلىقتىن ياڭرايدۇ؛
چۈنكى شىمالدىن ھالاك قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا جەڭ قىلىشقا كېلىدۇ
— دەيدۇ پەرۋەردىگار.
49 بابىل تۈپەيلىدىن پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى ئۆلتۈرۈلگەنلەر يىقىلغاندەك،

---

44:51 **«مەن بابىلدا بەلنى جازالايمەن»** — «بەل» — (ياكى «ماردۇك») بابىلنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇتى.

47:51 **«...شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىنى خىجالەتكە قالدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۇنىڭ ئىچىدە يىقىلىدۇ»** — دېمەك، بابىل خەلقى زېمىنىدىن ھېچ قاچالمايدىغان بولىدۇ.

بابىل ئىسرائىلدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر تۈپەيلىدىن بابىل يىقىلماي قالمايدۇ.
50 قىلىچتىن قاچقانلار، يىراق كېتىڭلار، هايال بولماڭلار؛
چەت يەرلەردىن پەرۋەردىگارنى سېغىنىڭلار،
يېرۇسالېمنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار.
51 «بىز خىجالەتكە قالدۇق، چۈنكى هاقارەتكە ئۇچرىدۇق؛
شەرمەندىچىلىكتىن يۈزىمىز تۆكۈلدى؛
چۈنكى يات ئادەملەر پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى مۇقەددەس جايلارغا بېسىپ كىردى!».
52 شۇڭا شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
مەن ئۇنىڭدىكى ئويما مەبۇدلارنى جازالايمەن؛
ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىنى بويىدا يارىلىنىپ جان هەلقۇمىدا ئىڭرىشىدۇ.
53 بابىل ئاسمانلارغا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ،
ئۇنىڭ يۇقىرى ئىستىهكام-قورغىنى مۇستەهكەملەنگەن بولسىمۇ،
لېكىن مېنىڭدىن ئۇنىڭغا هالاك قىلغۇچىلار يېتىپ بارىدىغان بولدى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
54 بابىلدىن نالە-پەريادنىڭ ئاۋازى،
كالدىيلەرنىڭ زېمىنىدىن زور هالاكەتنىڭ ساداسى كۆتۈرۈلىدۇ.
55 چۈنكى پەرۋەردىگار بابىلنى هالاك قىلماقچى بولىدۇ؛

---

49:51 **«بابىل تۈپەيلىدىن پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى ئۆلتۈرۈلگەنلەر يىقىلغاندەك، بابىل ئىسرائىلدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر تۈپەيلىدىن بابىل يىقىلماي قالمايدۇ»** ــ ئايەتتىكى ئەينى ئىبرانىي تېكستنى چۈشىنىش تەس. ئوقۇرمەنلەر باشقا تەرجىملەرنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن. لېكىن ئومۇمىي مەنىسى چوقۇم تەرجىممىزدەك بولۇشى كېرەك.
50:51 **«قىلىچتىن قاچقانلار، يىراق كېتىڭلار، هايال بولماڭلار؛ چەت يەرلەردىن پەرۋەردىگارنى سېغىنىڭلار، يېرۇسالېمنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار»** ــ ئېنىقكى، بۇ سۆزلەر بابىلدا سۈرگۈن بولغان ئىسرائىللارغا ئېيتىلىدۇ.
51:51 **««بىز خىجالەتكە قالدۇق، چۈنكى هاقارەتكە ئۇچرىدۇق؛ ...چۈنكى يات ئادەملەر پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى مۇقەددەس جايلارغا بېسىپ كىردى!»»** ــ شۈبهىسىزكى، بۇ سۆزلەر بابىلدا سۈرگۈن بولغانلارنىڭ قايغۇرۇپ ئېيتىدىغانلىرى بولىدۇ.

ئۇ ئۇنىڭدىن ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىنى يوقىتىدۇ؛
سۇلارنىڭ دولقۇنلىرى ئۆركەشلەۋاتقان سۇلاردەك شارقىرايدۇ،
ئۇلارنىڭ ئاۋازى شاۋقۇنلاپ كېلىدۇ.
56 چۈنكى ھالاك قىلغۇچى ئۇنىڭغا، يەنى بابىلغا جەڭ قىلىشقا كېلىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پالۋانلىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ؛
ئۇلارنىڭ ئوقيالىرى سۇندۇرۇلىدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار ــ قىساسلار ئالغۇچى تەڭرىدۇر؛
ئۇ يامانلىقنى ياندۇرماي قالمايدۇ.
57 ــ مەن ئۇنىڭ ئەمىرلىرى، دانىشمەنلىرى، ۋالىيلىرى، ھۆكۈمدارلىرى ۋە پالۋانلىرىنى مەست قىلىمەن؛
ئۇلار مەڭگۈگە ئۇخلايدۇ ۋە قايتىدىن ھېچ ئويغانمايدۇ ــ دەيدۇ پادىشاھ، ــ نامى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
58 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ بابىلنىڭ كەڭ سېپىللىرى يەر بىلەن يەكسان قىلىنىدۇ،
ئۇنىڭ ئېگىز دەرۋازىلىرى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈلىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئەللەرنىڭ جان تىكىپ تاپقان مېھنىتى بىھۇدە بولىدۇ، ئەل-يۇرتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەجرى پەقەت ئوتقا يېقىلغۇ بولىدۇ.

59 يەھۇدا پادىشاھى زەدەكىيا تەختكە ئولتۇرغان تۆتىنچى يىلى، بابىلغا بارغىنىدا ماھسېياھنىڭ نەۋرىسى، نېرىيانىڭ ئوغلى

55:51 **«...سۇلارنىڭ دولقۇنلىرى ئۆركەشلەۋاتقان سۇلاردەك شارقىرايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاۋازى شاۋقۇنلاپ كېلىدۇ»** ــ «سۇلارنىڭ دولقۇنلىرى»، «ئۇلارنىڭ ئاۋازى» بولسا بەلكىم «ھالاك قىلغۇچىلار»نىڭكى بولىدۇ. ئۇلار «دېڭىز»غا ئوخشىتىلغان (42-ئايەت)؛ 56-ئايەت ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

58:51 **«شۇنىڭ بىلەن ئەللەرنىڭ جان تىكىپ تاپقان مېھنىتى بىھۇدە بولىدۇ»** ــ ئەللەرنىڭ بىكار ئىشلىگىنى، «جاپالىق ئەجرى» بەلكىم زور شەھەر-ئىمپېرىيە بولغان بابىلنى كۆپ مېھنەت سىڭدۈرۈپ قۇرۇپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ («ھاب.» 13:2نى كۆرۈڭ).

سىرايا زەدەكىياغا ھەمراھ بولۇپ بارغان (سىرايا باش غوجىدار ئىدى). يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سۆز تاپىلىغان. [60] يەرەمىيا ئورام قەغەزگە بابىلنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان بارلىق كۈلپەتلەرنى، ــ يەنى بابىل توغرۇلۇق پۈتۈكلۈك بۇ بارلىق سۆزلەرنى يازغانىدى؛ [61] ۋە يەرەمىيا سىراياغا مۇنداق دېدى: ــ سەن بابىلغا يېتىپ بارغاندا، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقىپ ۋە: ــ

[62] «پەرۋەردىگار، سەن بۇ جاي توغرۇلۇق: ــ مەن ئۇنى يەكسان قىلىمەنكى، ئۇنىڭدا ھېچكىم، نە ئىنسان نە ھايۋان تۇرمايدىغان، مەڭگۈگە بىر ۋەيرانە بولىدۇ ــ دېگەنسەن» ــ دەيسەن؛ [63] شۇنداق قىلىپ بۇ يازمىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تاش تېڭىپ، ئەفرات دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۆرۈۋەت، [64] ۋە: «مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرمەكچى بولغان كۈلپەتلەر تۈپەيلىدىن، بابىل شۇ تاشقا ئوخشاشلا غەرق بولۇپ قايتىدىن ئۆرلىمەيدۇ؛ ئۇلار ھالىدىن كېتىدۇ» ــ دەيسەن. يەرەمىيانىڭ سۆزلىرى مۇشۇ يەردە تۈگىدى.

## يېرۇسالېمنىڭ بۆسۈلۈپ ئىشغال قىلىنىشى

52 [1] زەدەكىيا يەھۇداغا پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بىر يېشىدا ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدا ئون بىر يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ ئانىسى لىبناھلىق يەرەمىيانىڭ قىزى بولۇپ، ئىسمى ھامۇتال ئىدى. [2] ئۇ پادىشاھ يەھوئاكىمنىڭ قىلغىنىدەك، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل ئىشلارنى قىلدى. [3] پەرۋەردىگارنىڭ يېرۇسالېمغا ھەم يەھۇداغا قاراتقان غەزىپى تۈپەيلىدىن، پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرىدىن ھەيدىۋەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، تۆۋەندىكى ئىشلار يۈز بەردى.

---

59:51 «نېرىيانىڭ ئوغلى سىرايا زەدەكىياغا ھەمراھ بولۇپ بارغان سىرايا باش غوجىدار ئىدى،...» ــ سىرايا بارۇقنىڭ ئاكىسى ياكى ئۇكىسى ئىدى. 32:12دە ئۇنىڭ بوۋىسى «مائاسېياھ» دېيىلىدۇ.

1:52 2پاد. 18:24

بىرىنچىدىن، زەدەكىيا بابىل پادىشاھىغا ئىسيان كۆتۈردى.
[4] شۇنداق بولدىكى، ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ توققۇزىنچى يىلى ئونىنچى
ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە بابىل پادىشاھى نېبوقەدنەسار پۈتكۈل
قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىپ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىشقا
كەلدى؛ ئۇلار ئۇنى قورشىۋېلىپ بارگاھ قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا
قاشا-پوتەيلەرنى قۇرۇشتى. [5] شۇنىڭ بىلەن شەھەر زەدەكىيانىڭ
ئون بىرىنچى يىلىغىچە مۇھاسىرىدە تۇردى. [6] شۇ يىلى تۆتىنچى
ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنى شەھەردە ئېغىر قەھەتچىلىك ھەممىنى
باسقان ۋە زېمىندىكىلەر ئۈچۈنمۇ ھېچ ئاش-ئوزۇق قالمىغانىدى.
[7] شەھەر سېپىلى بۆسۈلدى؛ بارلىق جەڭگىۋار لەشكەرلەر قاچماقچى
بولۇپ، تۈن كېچىدە شەھەردىن بەدەر تىكىۋېتىشتى. ئۇلار پادىشاھ
باغچىسىغا يېقىن «ئىككى سېپىل» ئارىلىقىدىكى دەرۋازىدىن
كېتىشتى (كالدىيلەر بولسا شەھەرنىڭ ھەممە تەرىپىدە بار ئىدى).
ئۇلار ئىئوردان جىلغىسىدىكى «ئاراباھ تۈزلەڭلىكى»نى بويلاپ
قېچىشتى. [8] لېكىن كالدىيلەرنىڭ قوشۇنى پادىشاھنى قوغلاپ
يېرىخو تۈزلەڭلىكىدە زەدەكىياغا يېتىشتى؛ ئۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنى
ئۇنىڭدىن تارقىلىپ كەتكەنىدى. [9] ۋە ئۇلار پادىشاھنى تۇتۇپ،
خامات زېمىنىدىكى رىبلاھ شەھىرىگە، بابىل پادىشاھىنىڭ
ئالدىغا ئاپاردى؛ ئۇ شۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى.
[10] بابىل پادىشاھى زەدەكىيانىڭ ئوغۇللىرىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا
قەتل قىلدى؛ ئۇ يەھۇدانىڭ بارلىق ئەمىرلىرىنىمۇ رىبلاھ شەھىرىدە
قەتل قىلدى؛ [11] ئاندىن زەدەكىيانىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋەتتى؛ بابىل

---

**4:52 «... ئۇنىڭ نېبوقەدنەسارنىڭ سەلتەنىتىنىڭ توققۇزىنچى يىلى ئونىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە»** — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 588-يىلى، 15-يانۋار ئىدى.

**4:52** 2پاد. 1:25؛ يەر. 1:39

**6:52 «زېمىندىكىلەر ئۈچۈنمۇ ھېچ ئاش-ئوزۇق قالمىغانىدى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئەتراپىدىكى زېمىندىكىلەر ئۈچۈنمۇ ھېچ ئاش-ئوزۇق قالمىغانىدى». بۇ تەرجىمە توغرا بولسا، «ئەتراپىدىكى زېمىندىكىلەر» شەھەر ئەتراپىدىكى زېمىندىن قېچىپ پاناھ ئىزدەپ شەھەرگە كىرگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

پادىشاھى ئۇنى مىس كىشەنلەر بىلەن باغلاپ بابىلغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆلگۈچە زىندانغا قاماپ قويىدى.

## مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ خاراب قىلىنغانلىقى

[12] بەشىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە (بۇ بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ ئون توققۇزىنچى يىلى ئىدى) بابىل پادىشاھىنىڭ خىزمىتىدە بولغان، پاسىبان بېگى نېبۇزار-ئادان يېرۇسالېمغا يېتىپ كەلدى. [13] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋە شەھەردىكى بارلىق ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى؛ بارلىق بەھەيۋەت ئىمارەتلەرگە ئۇ ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى. [14] ۋە پاسىبان بېگى يېتەكچىلىكىدىكى كالدىيلەرنىڭ پۈتكۈل قوشۇنى يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتكۈل سېپىلىنى ئۆرۈۋەتتى.
[15] پاسىبان بېگى نېبۇزار-ئادان زېمىندىكى ئەڭ نامرات كىشىلەردىن بىر قىسمىنى، شەھەردە قالغان باشقا كىشىلەرنى، بابىل پادىشاھى تەرەپكە قېچىپ تەسلىم بولغانلارنى ۋە قالغان ھۈنەرۋەنلەرنى ئەسىر قىلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى. [16] لېكىن پاسىبان بېگى نېبۇزار-ئادان زېمىندىكى ئەڭ نامراتلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۈزۈمزارلىقلارنى پەرۋىش قىلىشقا ۋە تېرىقچىلىق قىلىشقا قالدۇردى.
[17] كالدىيلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى مىستىن ياسالغان ئىككى تۈۋرۈكنى، داس تەگلىكلىرىنى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى مىستىن ياسالغان «دېڭىز»نى چېقىپ، بارلىق مىسلىرىنى بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [18] ئۇلار يەنە ئىبادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئىدىشلار، گۈرجەك-

12:52 «بەشىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە...بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ ئون توققۇزىنچى يىلى...» — مىلادىيەدىن ئىلگىرى 586-يىلى، 17-ئاۋغۇست ئىدى.
15:52 «قالغان ھۈنەرۋەنلەر» — ياكى «قالغان توپ-توپ ئادەملەر».
17:52 «داس تەگلىكلىرى» — بۇلار بولسا «دېڭىز»دىن كىچىك بولغان داسلارنى كۆتۈرىدىغان تەگلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان جابدۇق-بىساتلارنى كۆپرەك چۈشىنىش ئۈچۈن «1پاد.» 7:8-51-ئايەتنى كۆرۈڭ.
17:52 يەر. 19:27

بەلگۈرجەكلەر، لاخشىگىرلار، قاچىلار، پىيالە-تەخسىلەر ھەم مىستىن
ياسالغان بارلىق ئەسۋابلارنى ئېلىپ كەتتى؛ [19] داسلار، خۇشبۇيدانلار،
قاچىلار، كۆلدانلار، چىراغدانلار، پىيالىلەر ۋە جام-قەدەھلەرنى بولسا،
ئالتۇندىن ياسالغان بولسىمۇ، كۈمۈشتىن ياسالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ
ھەممىسىنى پاسىبان بېگى ئېلىپ كەتتى. [20] سۇلايمان پادىشاھ
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈچۈن مىستىن ياساتقان ئىككى تۈۋرۈك ۋە
«دېڭىز»، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەگلىكى بولغان ئون ئىككى بۇقىنى ئۇ
ئېلىپ كەتتى؛ چۈنكى بۇ مىس سايمانلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
[21] ئىككى تۈۋرۈك بولسا، ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئون سەككىز گەز،
ئايلانمىسى ئون ئىككى گەز كېلەتتى؛ ھەربىرىنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ،
مىسىنىڭ قېلىنلىقى تۆت بارماق ئىدى. [22] تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى
بېشى بولسا مىس بولۇپ، ئېگىزلىكى بەش گەز ئىدى؛ ئۇنىڭ پۈتۈن
ئايلانمىسى تور شەكلىدە ھەم ئانار نۇسخىسى بىلەن بېزەلگەنىدى،
ھەممىسى مىستىن ئىدى؛ ئىككىنچى تۈۋرۈكمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش
بولۇپ، ئۇمۇ ئانار نۇسخىسى بىلەن بېزەلگەنىدى. [23] ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ
بېشىنىڭ يانلىرىدا توقسان ئالتە ئانار نۇسخىسى بار ئىدى؛ توردا
جەمئىي بولۇپ يۈز ئانار نۇسخىسى بار ئىدى.
[24] پاسىبان بېگى نېبۇزار-ئادان بولسا باش كاھىن سېرايا، ئورۇنباسار
كاھىن زەفانىيا ۋە ئىبادەتخانىدىكى ئۈچ نەپەر ئىشىكباقارنىمۇ

---

19:52 **«داسلار، خۇشبۇيدانلار، قاچىلار، كۆلدانلار، چىراغدانلار، پىيالىلەر ۋە جام-قەدەھلەرنى بولسا، ئالتۇندىن ياسالغان بولسىمۇ، كۈمۈشتىن ياسالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پاسىبان بېگى ئېلىپ كەتتى»** — بۇ ئالتۇن-كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان بارلىق قاچا-قۇچىلار ۋە بارلىق ئەسۋابلار، يەرەمىيانىڭ ئىلگىرىكى بىر بېشارىتى بويىچە، 54 يىلدىن كېيىن پارس ئىمپېراتورى قورەشنىڭ پەرمانى بىلەن يېرۇسالېمغا قايتۇرۇلدى (21:27-22نى كۆرۈڭ).

**21:52 «گەز»** — (ياكى «جەينەك») تەۋراتتىكى بىر ئۆلچەمدۇر، جەينەكتىن قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقتۇر، تەخمىنەن 45 سانتىمېتىر.

**21:52** 1پاد. 15:7؛ 2پاد. 17:25؛ 2تار. 15:3

ئەسىرگە ئالدى. [25] ئۇ شەھەردىن لەشكەرلەرنى باشقۇرىدىغان بىر ئاغۋات ئەمەلدارنى، شەھەردىن تاپقان ئوردا مەسلىھەتچىلىرىدىن يەتتىنى، يەرلىك خەلقنى لەشكەرلىككە تىزىملىغۇچى، يەنى قوشۇنىنىڭ سەردارىنىڭ كاتىپىنى ۋە شەھەردىن ئاتمىش نەپەر يەرلىك كىشىنى تۇتتى. [26] پاسىبان بېگى نېبۇزار-ئادان بۇلارنى بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا، رىبلاھغا ئېلىپ باردى. [27] بابىل پادىشاھى خامات زېمىنىدىكى رىبلاھدا بۇ كىشىلەرنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ يول بىلەن يەھۇدا ئۆز زېمىنىدىن سۈرگۈن قىلىندى.

## يەھۇدا بابىلغا سۈرگۈن قىلىندۇ

[28] نېبوقادنەسار سۈرگۈن قىلغان كىشىلەرنىڭ سانى مۇنداق ئىدى: — يەتتىنچى يىلى ئۈچ مىڭ يىگىرمە ئۈچ يەھۇدىي؛ [29] نېبوقادنەسارنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلى ئۇ يېرۇسالېمدىن سەككىز يۈز ئوتتۇز ئىككى كىشىنى سۈرگۈن قىلدى؛ [30] نېبوقادنەسارنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى يىلى پاسىبان بېگى نېبۇزار-ئادان يەھۇدىيلاردىن يەتتە يۈز قىرىق بەش كىشىنى سۈرگۈن قىلدى؛ جەمئىي بولۇپ سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ سانى تۆت مىڭ ئالتە يۈز كىشى ئىدى.

---

25:52 **«بىر ئاغۋات ئەمەلدار...»** — ياكى پەقەت «بىر ئەمەلدار...».

28:52 **«يەتتىنچى يىلى»** — بەزى كونا يازمىلاردا «ئون يەتتىنچى يىلى» دېيىلىدۇ.

30:52 **«نېبۇزار-ئادان يەھۇدىيلاردىن يەتتە يۈز قىرىق بەش كىشىنى سۈرگۈن قىلدى؛ جەمئىي بولۇپ سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ سانى تۆت مىڭ ئالتە يۈز كىشى ئىدى»** — بۇ سانلار «2پاد.» 14:24-16دە خاتىرىلەنگەنگە ئوخشىمايدۇ. «يەرەمىيا»دىكى سانلار بەلكىم يېرۇسالېمدىكىلەرنى، «2پاد.»دىكى سان پۈتۈنلەي يەھۇدادىكىلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ سانلار ئاز كۆرۈنىسمۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، يەرەمىيانىڭ ھەم ئەزاكىيالنىڭ بېشارەتلىرى بويىچە يەھۇدادىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى «قىلىچ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا-كېسەل» بىلەن ئۆلگەن بولسا كېرەك.

## يەھوئاكىننىڭ سۈرگۈن بولۇشى

[31] شۇنداق بولدىكى، يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىن سۈرگۈن بولغان ئوتتۇز يەتتىنچى يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى شۇ ئىش يۈز بەردى: ئەۋىل-مېروداق بابىلغا پادىشاھ بولغان بىرىنچى يىلى، ئۇ يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاكىننىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى زىنداندىن چىقاردى؛ [32] ئۇ ئۇنىڭغا مۇلايىم سۆز قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بابىلدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغان باشقا پادىشاھلارنىڭ ئورنىدىن يۇقىرى قىلدى؛ [33] شۇنىڭ بىلەن يەھوئاكىن زىنداندىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۆمرىنىڭ قالغان ھەربىر كۈنىدە ھەردائىم پادىشاھ بىلەن بىللە ھەمداستىخان بولۇشقا مۇيەسسەر بولدى. [34] ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولسا، بابىل پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭغا بېغىشلىغان دائىملىق ئىلتىپاتى ئىدى؛ بۇ ئىلتىپات كۈندىلىك ئىدى، يەنى ئۇ ئۇنىڭغا تاكى ئالەمدىن ئۆتكىچە ئۆمرىنىڭ ھەربىر كۈنى مۇيەسسەر قىلىنغان.

---

**31:52** 2پاد. 25:27-30

# قوشۇمچە سۆز

بىز مۇشۇ يەردە ھەربىر ئايەتنى شەرھ قىلماقچى ياكى كىتابنىڭ ھەر تەرەپلىرى ئۈستىدە توختالماقچى ئەمەسمىز؛ بەلكى پەقەت ئوقۇرمەنلەرگە ياردەم بېرىدىغان بىرنەچچە ئالاھىدە تېمىلار، بىرنەچچە قىزىق نۇختىلار ياكى كۆپ ئۇچرايدىغان سوئاللار ئۈستىدە توختىلىمىز.

## «ئەل بىلەن بىر» ياكى «ئەلدىن بۆلۈنگەن»؟

ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم تېما بولغان (تۆۋەندە توختالماقچى بولغان «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ۋە يېڭى ئەھدە») توغرۇلۇق سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى، بۇنىڭ بىلەن زىچ باغلىق بولغان باشقا مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە توختالمىساق بولمايدۇ. دەرھەقىقەت: —

«ئەلگە باققان خار بولماس»

«ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولارسەن، ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولارسەن»

«بېلىق سۇدىن ئايرىلالماس، باتۇر ئەر ئەلدىن»

«توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر»

«بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن مۇشۇنداق ماقال-تەمسىللەر ناھايىتى كۆپ.

بۇ ماقال-تەمسىللەرنى ئەيسا مەسىھنىڭ بىر گېپى بىلەن سېلىشتۇرايلى: —

«تار دەرۋازىدىن كىرىڭلار. چۈنكى كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان دەرۋازا كەڭ بولۇپ، يولى كەڭتاشا ۋە داغدامدۇر، ۋە ئۇنىڭدىن كىرىدىغانلار كۆپتۇر. بىراق ھاياتلىققا ئېلىپ بارىدىغان دەرۋازا تار، يولى قىستاڭ بولۇپ، ئۇنى تاپالايدىغانلارمۇ ئاز» (ئىنجىل، «مات.» 7:13-14).

ئەمدى «ئەل»گە ئەگەشكەن بولساق قايسى يولدا بولىمىز؟ ھاياتلىققا بارىدىغان «ئاز ئادەم تاپالايدىغان» يولدا بولامدۇق؟ ئەگەر سىز جاۋابەن: «مېنىڭ يۇرتۇم باشقا ئەللەرگە ئوخشىمايدۇ» دېسىڭىز، بۇ پەقەت مىللەتپەرەس مەغرۇرلۇقلا، خالاس. مەلۇم بىر ئەلنىڭ گۇناھلىرى باشقا ئەلنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن

بىز تۇتقان ھەرقانداق گۇناھلىق يول پەقەت ھەققانىيلىق ۋە پاك-مۇقەددەسلىك ئورۇن ئالالايدىغان جەننەتكە بىزنى نالايىق قىلىدۇ. ئۆز گۇناھلىرىڭىز ئوخشاش تېزلىكتە ئۆزىڭىزنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى تەنقىد قىلىشنىڭ پايدىسى بارمۇ؟

تەۋراتتىكى «يەرەمىيا» قىسمى بولسا بۇ ھەقىقەتلەرگە روشەن بىر مىسالدۇر. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۆز جەمەتىدىكىلەر، ئۆز دەۋرىدىكى پادىشاھلار ۋە مۇھتەرەم «دىني ئەرباblar» تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان. بەزى ۋاقىتلاردا يوشۇرۇنۇۋالغان، بەزى ۋاقىتلاردا قوغلانغان، ئۇ ھەردائىم ئۆزىنى قەستلەپ يۈرىدىغان كىشىلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈم سايىسىدا يۈرەتتى. ئۇ بولسا «ئەلدىن بۆلۈنگەن»؛ لېكىن ھەق بولسا ئۇنىڭدا، ناھەق بولسا «ئەل»دە ئىدى. يېگانە بىرلا بولسۇن، ياكى مىڭ ئارىسىدا بولسۇن، ھەقىقەتكە ئىشەنگەن ۋە ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان، ئۆزىنى ھەقىقەت بىلەن بىر قىلغان كىشى بولسا ھەقلىكتۇر. «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەننىڭ ئورنىغا: «خۇدا بىلەن بىر بولغان كۆپنىڭ ئىچىدىدۇر» دېگەن ماقالنى ئالماشتۇرغۇمىز بار. مەسىلەن، پۈتكۈل ئائىلىدىكىلىرىم، بارلىق ئەجدادلىرىم بۇتقا چوقۇنغان بولسا، مېنىڭ بۇتپەرەسلىكىممۇ توغرا بولغان بولامدۇ؟ مېنىڭ ئەتراپىمدىكىلەر ئوغرىلار، باج ئوغرىلىغۇچىلار، ياكى ئۆز جۆرىلىرىنى ئالداپ باشقىلار بىلەن بىر ئورۇندا ياتقۇچىلار بولسا، ئۇنداقتا بۇ «كۆپ كىشىلەر قىلغان» ئىش ھەقلىك ئىش بولامدۇ؟ قىيامەت كۈنىدە ھەممىگە قادىر بىزدىن: «مېنىڭ ھەقىقىتىمنى نېمە قىلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا بىز: «باشقىلار بۇنىڭغا ئەگەشمىدى، شۇڭا مەنمۇ ئەگەشمىدىم» دېسەك قانداقمۇ باھانە بولىدۇ؟ بىز ئۇچۇن زادى قايسىسى ئۈستۈن، ھەممىگە قادىرنىڭ سۆزىمۇ، ياكى «ئەلنىڭ پىكرى»مۇ؟

بۇ ئىشتا ھالقىلىق مەسىلە مەغرۇرلۇق، مەيلى شەخسىي ياكى مىللىي مەغرۇرلۇق بولسۇن، ئوخشاشلا مەغرۇرلۇقتۇر. ئەگەر خۇدانىڭ ھاياتىمىز ئۈستىدىن چىقارغان: «گۇناھكار!» دېگەن ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلغۇمىز بولمىسا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ نىجاتلىق ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلغۇمىز بولمىسا، ئۇ بىزگە قارشى تۇرىدۇ. ھەممىمىزگە ئۆز گۇناھلىرىمىزنى تونۇپ يېتىشنىڭ ئورنىغا، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى تەنقىد قىلىش ئاسانغا چۈشىدۇ؛ ئۆز ئېلىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى تونۇپ يېتىشنىڭ ئورنىغا، باشقا ئەلنىڭ گۇناھلىرىنى تەنقىد قىلىش ئاسان چۈشىدۇ. بىراق ئاخىرىدا مۇشۇنداق تەنقىدلەر

ئۆزىمىزنى دوزاختا ئېلىپ بارىدۇ، خالاس؛ بىز دائىم ئۆز گۇناھلىرىمىزنى بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ باشقىلارغا «يوللىرىنى ھېچ ئۆزگەرتمەيدۇ ئۇلار» دەپ تەنە قىلىمىز. ھەممىگە قادىر بۇ توغرۇلۇق نېمە دەيدۇ؟ ھەتتا بىز ئۆز گۇناھكار ھالىتىمىزدىن ئۆزگىرىشكە ئىنتىلىدىغان «ئاز سان»دىكى كىشىلەر بولساقمۇ، لېكىن «ھېچنېمىگە تىرىشمايدىغانلار»نىڭ ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇلارنى كەمسىتىشىمىز مۇمكىن؛ لېكىن بۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشىمىزنىڭ ئۆزى بىزنىڭ تېخى نىجاتلىق يولىدا دەسلەپكى قەدەمنى باسمىغانلىقىمىزغا ئىسپاتتۇر. نىجات يولىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولسا: «ئۆز گۇناھلىرىم خۇدا ئالدىدا سېسىقتۇر، پەقەت ئۇ ماڭا مېھىر-شەپقەت كۆرسەتسىلا ئاندىن شەخسىيەتچىلىك ۋە ھالاكەتنىڭ «پاتقاق ئازگىلى»دىن تارتىلىپ قۇتقۇزۇلىمەن» دېگەننى تونۇپ يېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

يەرەمىيا ھەرگىز «مەن ياخشى، باشقىلار يامان» ياكى «ئۆزۈم بەگ، ئۆزۈم چوڭ» دەيدىغان، باشقىلارنى تەنقىد قىلىشقا ئامراق كىشى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز ئېلى تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن، دائىم ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئۇلارغا رەھىمدىللىق كۆرسىتىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى تىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ خۇدادىن: «مەن ئۇچۇن قىساس ئالغايسەن» دەپ دۇئا قىلغىنى بىلەن، مەزكۇر كىتابتىن (مەسىلەن، 8:14-9دىن) ھەم ئۇنىڭ «يەرەمىيانىڭ يىغا-زارلىرى» دېگەن كىتابىدىن ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ھالى ئۇستىدىن تۆككەن قايغۇ-ھەسرەتلىرى ۋە ئۇلارغا باغلىغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىمۇ كۆرەلەيمىز.

## بىزگە نېمىشقا «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» (6:23) ۋە «يېڭى ئەھدە» (31:31-34) كېرەك؟

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يەرەمىيانىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى يوسىيا پادىشاھنىڭ «ئىسلاھات ئېلىپ بارغان» ۋاقتىغا توغرا كەلگەنىدى. يوسىيا ئۆزى خۇدادىن قورقىدىغان پادىشاھ ئىدى. ئەمدى ئۇ بۇتپەرەسلىككە پېتىپ كەتكەن بىر ئەل ئۇستىگە پادىشاھ بولغاندا نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ ئۇ ئىشنى مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىن باشلىدى؛ شۇ يەردىن ئۇ ھەرقانداق مەبۇدلارنى چېقىپ، بارلىق بۇتپەرەس كاھىنلارنى ئورنىدىن قالدۇرۇۋەتتى. ئۇ پۈتكۈل دۆلەتنى

تەكشۈرۈپ، بارلىق تىپىپ چىققان بۇتپەرەس تاۋاپگاھلارنى ۋەيران قىلدى. ئۇ مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان قانۇن-دەستۇرلارغا بويسۇنغان پادىشاھ بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۇنىڭ بۇرچى ئىدى. ئۇ سوتخانىلاردىن پارىخورلۇق ياكى چىرىكلىشىشنى ئىنقىلاپ چىققان بولسا قەتئىي بىر تەرەپ قىلدى. دۆلەت بويىچە زور كاتتا بىر «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» ئۆتكۈزدى («2تار.» 30-باب). يوسىيا توغرۇلۇق: «ئۇنىڭدەك مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇنغا ئىنتىلىپ پۈتۈن قەلبى، پۈتۈن جېنى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن پەرۋەردىگارغا قايتىپ، ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر پادىشاھ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولمىغانىدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرسى بولۇپ باقمىدى» («2پاد.» 25:23). سىرتتىن قارىغاندا نۇرغۇن ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كۆرۈندۇ. بىراق يەرەمىيانىڭ شۇ كۈنلەردىكى بېشارەتلىرى ئايان قىلغاندەك، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرسەك، يوسىيانىڭ كۈنلىرىدە يەرەمىيا ئىبادەتخانىدا تۇرۇپ خەلققە مۇنداق تەنبىھ بەرگەنىدى: —

«باللار ئوتۇن تېرىدۇ، ئاتىلار ئوت قالايدۇ، ئايالالار قەستەن مېنى رەنجىتىشكە «ئاسمانىنىڭ خانىشى» ئۈچۈن پوشكاللارنى سېلىشقا خېمىرنى يۇغۇرىدۇ، شۇنىڭدەك يات ئىلاھلارغا «شاراب ھەدىيە»لەرنى قۇيىدۇ» (18:7).

ئوتتۇز يىل كېيىن، يوھانان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى يەرەمىيانى مەجبۇرلاپ مىسىرغا ئېلىپ كەتكەندە، ئۇ ئۇلارنىڭ مىسىردا قايتىدىن باشلىغان «ئاسمانلارنىڭ خانىشى»غا بولغان بۇتپەرەسلىكى توغرۇلۇق يەنە تەنبىھ بېرىدۇ: —

«سەن پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا بىزگە ئېيتقان سۆزگە كەلسەك، بىز ساڭا ھېچ قۇلاق سالمايمىز! ئەكسىچە بىز چوقۇم ئۆز ئاغزىمىزدىن چىققان بارلىق سۆزلەرگە ئەمەل قىلىمىز؛ ئۆزىمىز، ئاتا-بوۋىلىرىمىز، پادىشاھلىرىمىز ۋە ئەمىرلىرىمىز يەھۇدادىكى شەھەرلەردە ھەم يېرۇسالېمدىكى رەستە-كوچىلاردا قىلغىنىمىزدەك بىزلەر «ئاسمانلارنىڭ خانىشى»غا خۇشبۇي يېقىۋېرىمىز ۋە ئۇنىڭغا «شاراب ھەدىيە»لەرنى قۇيۇۋېرىمىز؛ چۈنكى ئەينى چاغدا بىزنىڭ نېنىمىز پۈتۈن بولۇپ، توقچىلىقتا ياشىغان، ھېچ كۈلپەتنى كۆرمەي ئۆتكەن. ئەمما «ئاسمانلارنىڭ خانىشى»غا خۇشبۇي يېقىشنى

ۋە ئۇنىڭغا «شاراب ھەدىيە»لەرنى قۇيۇشنى توختاتقىنىمىزدىن باشلاپ، بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز كەم بولۇپ، قىلىچ بىلەن ھەم قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك بولۇپ كەلدۇق» (44:16-18).

ئۇلارنىڭ مۇشۇ جاۋابى بىزگە: —

(1) ئۇلار گەرچە يوسىيا كۈنلىرىدە بۇتقا چوقۇنۇشتىن قول ئۈزگەن بولسىمۇ، بىردىنبىر سەۋەب جازادىن ياكى بولمىسا خەلقنىڭ تاپا-تەنىسىدىن بولغان قورقۇنچتىن ئىبارەت ئىدى. كۆڭلىدە بولسا ئۇنى تېخى قىلغۇسى بار ئىدى.

(2) گەرچە ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن يەرەمىيا پەيغەمبەر ئېيتقان شۇنچە كۆپ بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، شۇنداقلا بۇ بېشارەتلەر ئۇنىڭ ھازىرقى گېپىنىڭ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، ئۇلار تېخى ئاڭلىمىدى. ئۇلارنىڭ گۇناھقا باغلىغان ئارزۇ-ھەۋەسلىرى ئۇلارنى كۆز ئالدىدىكى پاكىتلارغا كۆزىنى كۆرمەس قىلغاننى ئاز دەپ، ئۇلاردا ھەتتا: «گۇناھ سادىر قىلمىغانلىقىمىز بىزگە زىيان يەتكۈزدى!» دېگەندەك ئالدامچى تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا ئۇلارغىلا ئەمەس، ھەممىمىزگە ئىنتايىن مۇھىم سۆز يەتكۈزىدۇ: —

«قەلب ھەممىدىن ئالدامچى، ئۇنىڭ داۋاسى يوقتۇر. كىممۇ ئۇنى چۈشىنەلىسۇن؟» (17:9).

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۆزىنىڭكى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ سۆزلىرى؛ ئۇلارغا كۆڭۈل قويۇپ قاراڭ. مۇشۇ يەردە مەسىلە پەقەت «يەھۇدىي قەلبى»دە ياكى «يەرەمىيانىڭ قەلبى»دە ئەمەس، بەلكى «قەلب»تە، يەنى بارلىق ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە. قىيامەت كۈنىدە ھۆكۈملەر بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ئۈستىدىن بولۇپلا قالماي، يەنە بىزلەرنىڭ نېمە قىلغۇمىز بارلىقى ئۈستىدىنمۇ بولىدۇ. مەسىھ ئەيسانىڭ سۆزلىرىدە: —

«سىلەر بۇرۇنقىلارغا: «قاتىللىق قىلما» ... دەپ بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر... لېكىن مەن سىلەرگە ئېيتىمەنكى، كىم ئۆز قېرىندىشىغا سەۋەبسىز رەنجىگەن بولسا، خۇدانىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا ئۇچرايدۇ» (ئىنجىل «مات.» 5:21). «كىم ئۆز قېرىندىشىغا ئۆچ بولسا قاتىلدۇر» (ئىنجىل «1يۇھ.» 3:15)

بىز باشقا بىرسىنى ئۆلتۈرۈشنى خالايمىزمۇ؟

«سىلەر بۇرۇنقىلارغا: «زىنا قىلما» ... دەپ بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر؛ لېكىن مەن سىلەرگە ئېيتىمەنكى، كىم بىر ئاياللا ئارزۇ-ھەۋەس بىلەن قارىسا، ئۇ ئالللىقاچان كۆڭلىدە ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان بولىدۇ» (ئىنجىل «مات.» 27:5).

بىز باشقا بىرسى بىلەن زىنا قىلىشنى خالايمىزمۇ؟

بىرەر نەرسىنى ئوغرىلىغىمىز بولۇپ باققانمۇ؟ دەرھەقىقەت، مۇساغا تاپشۇرۇلغان قانۇندا: «ئوغرىلىق قىلما» دەپ تاپىلىنىدۇ. يەنە ئۇنىڭدا: «نەپسانىيەتچىلىك قىلما» دەپمۇ بۇيرۇلىدۇ. تەپسىلىي ئېيتساق: «يېقىنىڭنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرىگە نەپسانىيەتچىلىك قىلما، ئۇنىڭ ئايالىغا نەپسانىيەتچىلىك قىلما، قۇل-دېدەكلىرىگە، كالا-ئېشەكلىرىگە ياكى ھەرقانداق باشقا تەئەللۇقاتلىرىغا نەپسانىيەتچىلىك قىلما» دېگەنلىكتۇر («مىس.» 17:20).

بىزنىڭ بەلكىم بىرەر نەرسىنى ئوغرىلىغىمىز كەلگەندۇ؟ لېكىن ئۇنى ئوغرىلىمىغىنىمىزنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى: (1) ئوغرىلاش پۇرسىتى چىقمىدى، ياكى بولمىسا؛ (2) بۇ ئىش كېيىن ئاشكارىلىنىپ جازاغا تارتىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. لېكىن ئوغرىلاش نىيىتى ياكى ھەۋىسى بولسىلا، خۇدا ئالدىدا ئوغرىلىغانغا باراۋەر بولىدۇ.

ھەممە گەپ قەلبدە، يەنى بىزگە ئادەمئاتىمىزدىن مىراس قالغان گۇناھىي تەبىئىتىمىزدە. ئۇ بىزگە راك كېسەلدەك چاپلىشىپ بىزنى چىرىتىدۇ، دەرەخ مېۋە چىقارغاندەك بىزدە گۇناھلارنى چىقىرىدۇ.

باشقا بىر يەردە مۇقەددەس روھ يەرەمىيا ئارقىلىق بىزگە مۇنداق كۆرسىتىدۇ: — «سېنىڭ زىيدەك داۋالغۇسىز، سېنىڭ ياراڭ بولسا ئىنتايىن ئېغىردۇر» (12:30).

خۇداغا مىڭ تەشەككۇر ئېيتىمىزكى، ئۇ بىزنى سۆيگەن ۋە بىزگە بۇ مەسىلىگە يول تەمىنلىگەن. ئۇ داۋالغۇسىز كېسەلنى داۋالايدۇ! «ئىنسانلاردا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار خۇدادا مۇمكىن بولىدۇ» («مات.» 26:19). خۇدانىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان جاۋابى «يەرەمىيا»نىڭ بىرنەچچە يەرلىرىدە ئىنتايىن روشەن

ھالدا بېرىلىدۇ؛ مەسىلەن: ــ

«مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن داۋۇت ئۈچۈن بىر «ھەققانىي شاخ»نى ئۆستۈرۈپ تىكلەيمەن؛ ئۇ پادىشاھ بولۇپ دانالىق بىلەن ھۆكۈم سۈرۈپ، زېمىندا ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ كۈنلىرىدە يەھۇدا قۇتقۇزۇلىدۇ، ئىسرائىل ئامان-تىنچلىقتا تۇرىدۇ؛ ئۇ شۇ نامى بىلەن ئاتىلىدۇكى ــ «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىزدۇر»» (6-5:23)

خۇدانىڭ گۇناھقا بولغان جاۋابى سۈپىتىدە مۇشۇ يەردە بىر شەخس كۆرۈنىدۇ. ئۇ بولسا «داۋۇتنىڭ ئەۋلادى»، «ھەققانىي شاخ»تۇر. جاھاندا پەقەت بىر ئادەم مۇشۇ ناملارغا لايىق ــ ئۇ بولسىمۇ ئەيسا مەسىھتۇر. ئۇ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىدى ۋە مەڭگۈگە پۈتۈنلەي گۇناھسىزدۇر، «ھەققانىي بولغۇچى». ئۇ ھەتتا دۈشمەنلىرىدىنمۇ: «سىلەردىن قايسىڭلار مېنىڭدە گۇناھ بارلىقىنى ئىسپاتلىيالايسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگەن ھەرقانداق باشقا ئادەمگە ئوخشىمايدىغان بىر يېرى، ئۇ بىر قېتىممۇ گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغان ۋە يۇقىرىدىكى سۆزلەر كۆرسەتكەندەك، پۈتكۈل ئىسرائىل كەلگۈسى بىر زاماندا ئۇنى «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىزدۇر» دەپ چاقىرىدۇ («يەرەمىيا» 16:33نىمۇ كۆرۈڭ). بىز تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن سەۋەبلەرگە ئاساسەن، بۇ سۆز يەھۇدىي بولمىغان بىزلەرگىمۇ تەۋە بولىدۇ دەپ ئىشىنىمىز. خۇدانىڭ ئۆزىدىن كەلگەن بىر ھەققانىيلىققا ئىگە بولۇش شۇنچە ئاجايىب ئىشتۇر! ئۇ ئۆزى شەخسەن بىزنىڭ ھەققانىيلىقىمىز بولىدۇ! لاياقەتسىزلەر، گۇناھكارلار بولغان بىزلەرگە شۇنداق ئىلتىپات بولارمۇ؟! مانا نىجات!

بۇ ئىش قانداق بولىدۇ؟ قەلب جەھەتتىن ئۇ خۇدا ئىسرائىل ۋە يەھۇدا بىلەن تۈزمەكچى بولغان «يېڭى ئەھدە» ئارقىلىق ئەمەلدە بولىدۇ. دېمىسەكمۇ، «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىزدۇر» بولغان ئەيسا مەسىھ بۇ «يېڭى ئەھدە»نى قۇربانلىق قېنى بىلەن بەدەل تۆلەپ ئەمەلگە ئاشۇرغان: ــ

«مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن ئىسرائىل جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى بىلەن يېڭى ئەھدە تۈزىمەن؛ بۇ ئەھدە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە ئوخشىمايدۇ؛ شۇ

ئەھدىنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىنى قولىدىن تۇتۇپ مىسىردىن قۇتقۇزۇپ يېتەكلىگىنىمدە ئۇلار بىلەن تۈزگەنىدىم؛ گەرچە مەن ئۇلارنىڭ يولدىشى بولغان بولساممۇ، ئۇلار مەن بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدەمنى بۇزغان، — دەيدۇ پەرۋەردىگار. چۈنكى شۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئىسرائىل جەمەتى بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى:

— مەن ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە سالىمەن،
ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ يازىمەن.
مەن ئۇلارنىڭ ئىلاھى بولىمەن،
ئۇلارمۇ مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ.

شۇندىن باشلاپ ھېچكىم ئۆز يېقىنىغا ياكى ئۆز قېرىندىشىغا: — «پەرۋەردىگارنى تونۇغىن» دەپ ئۆگىتىپ يۈرمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە ھەممىسى مېنى تونۇپ بولغان بولىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كەچۈرىمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز ئېسىمگە كەلتۈرمەيمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار» (31:31-34)

بۇ يېڭى ئەھدە «ئەز.» 36:25-27دە باشقا شەكىلدە تەكرارلىنىدۇ: —

««مەن سۈپ-سۈزۈك سۇنى ئۈستۈڭلارغا چاچىمەن، بۇنىڭ بىلەن سىلەر پاك بولىسىلەر. سىلەرنى ھەممە پاسكىنىلىقىڭلاردىن ۋە بۇتلىرىڭلاردىن پاكلايمەن. مەن سىلەرگە يېڭى قەلب بېرىمەن، ئىچىڭلارغا يېڭى بىر روھ سالىمەن؛ سىلەردىكى تاش يۈرەكنى ئېلىپ تاشلاپ، مېھرلىك بىر قەلبنى ئاتا قىلىمەن.

مېنىڭ روھىمنى ئىچىڭلارغا كىرگۈزۈپ، سىلەرنى ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە ماڭغۇزىمەن، مېنىڭ ھۆكۈملىرىمنى ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاتقۇزىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلىسىلەر».

دىققەت قىلىپ ئوقۇسىڭىز، بۇ ئەھدىدە قىلچىلىك شەرتلەرنىڭ يوقلۇقىنى بىلىسىز.
خۇدا قايتا-قايتا «مەن... مەن... مەن... مەن.... بېرىمەن.... بولىمەن» دەيدۇ. بۇ ئۆزى قىلغان ئاجايىب ئىشىدۇر!

بەلكىم سىز بىر ئەستايىدىل ئوقۇرمەندەك مۇنداق دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن: «دەرۋەقە بۇ ئەھدە ئاجايىپ ئاڭلىنىدىكەن، ماڭا تولىمۇ ياقتى، لېكىن «مەن ئىسرائىل ياكى يەھۇدا قوۋملىرىدىن بولمىسام، قانداقلارچە بۇ ئەھدىدىكى ئورتاقلىققا ئىگە بولالايمەن؟»، ئاندىن يەنە «بۇ ئەھدىنىڭ ۋاقتى كەلدىمۇ-يوق؟»... سىزنىڭ بۇ سوئاللىرىڭىز ياخشى ھەم ئورۇنلۇق. ئاۋۋال ئىككىنچى سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەيلى — بۇ ئەھدىنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى! ئەمما بىرىنچى سوئالىڭىزدىنمۇ خاتىرجەم بولۇڭ، ئىنجىلدا، بۇ ئەھدىنىڭ دائىرىسى دۇنيادىكى ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن كېڭەيتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئىنسان ئۈچۈن، بۇ ئەھدە «ئىنجىل»، يەنى ھەقىقىي «خۇش خەۋەر» بولۇپ چىققان (شۇڭا بەزىدە ئىنجىل «يېڭى ئەھدە»مۇ دەپ ئاتىلىدۇ). بۇلارنى ئىسپاتلاپ، روسۇل پېترۇس مۇنداق دېگەن: —

«تۇۋا قىلىڭلار، ... چۈنكى بۇ ۋەدە (يەنى ئەھدە) سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارغا، يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆزىگە چاقىرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتا قىلىنىدۇ» (ئىنجىل، «روس.» 2:38-39-ئايەت».

سىز «يىراقتا تۇرۇۋاتقانلار»دىنمۇ؟ ئەمدى سىزنىڭ خۇدادا ئەۋەتكەن بۇ ئەيسا مەسىھ، يەنى «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىز»غا ئىمان-ئىشەنچ باغلاپ، بۇ ئەھدىنى قوبۇل قىلىشقا سالاھىيىتىڭىز باردۇر!

نەتىجىسى يۇقىرىقى ئايەتلەردە دېيىلگەندەك بولىدۇ. يەرىمىيا ۋە ئەزاكىيال پەيغەمبەرلەر بەرگەن ئاشۇ ئايەتلەرنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلەپ كۆرۈڭ، خۇدانىڭ قىممەتلىك ۋەدىلىرى بويىچە، تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنىڭ راست بار-يوقلۇقىنى كۆرۈپ بېقىڭ: —

(1) گۇناھلىرىڭىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى؛

(2) خۇدانىڭ سەندىكى تاش يۈرەكنى ئېلىپ تاشلىۋېتىشى؛

(3) ساڭا يېڭى قەلب بېرىشى (تاش يۈرەك ئەمەس، مېھرى-مۇھەببەتلىك قەلب، قوشناڭنى سۆيىدىغان قەلب)؛

(4) خۇدا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھىنى قەلبىڭگە مەڭگۈلۈك ماكانلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىپ بېرىشى؛

(5) مۇقەددەس روھنىڭ ئۆز كۈچ-قۇدرىتى بىلەن، ۋىجدان ۋە قەلبىڭدە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى، ئەمر-پەرمانلىرىنى ساقا ئۆگىتىپ چۈشەندۈرۈشى؛
(6) سېنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى، ئەمر-پەرمانلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا خۇداغا مۇھەببىتىڭنىڭ بار بولۇشى؛
(7) ياراتقۇچىڭ خۇدانى، سېنى سۆيىدىغان خۇدانى شەخسەن تونۇشىڭىز؛
(8) خۇدا مەڭگۈ خۇدايىڭىز بولىدۇ، سىز مەڭگۈ ئۇنىڭكى بولىسىز؛
(9) «خۇدا مەڭگۈ سېنىڭ خۇدايىڭ» بولسا، ئۆلۈمدىن كېيىن سەن گۇناھىڭ جازالىشى بولغان دوزاختىن قۇتۇلۇپ، مەڭگۈ ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن. «يېڭى ئەھدە»، يەنى ئىنجىل ئاشۇ توققۇز نەتىجىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خۇدا كەلگۈسىدىكى بىر كۈندە، تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ سىزدە ۋە مەندە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرسەتكەي! سىز ئۆز ئىسمىڭىزنى تۆۋەندىكى «بوش ئورۇنلار»غا تولدۇرالامسىز؟

«شۇ كۈنلەردە، شۇ چاغدا ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ........... نىڭ قەبىھلىكى ئىزدەلسە، ھېچ تېپىلمايدۇ؛ ........نىڭ گۇناھلىرى ئىزدەلسە، ھېچ تېپىلمايدۇ؛ چۈنكى مەن ...........نى كەچۈرۈم قىلىمەن» («يەرەمىيا» 20:50)

ئامىن!

## «پەرۋەردىگار يەر يۈزىدە يېڭى ئىش يارىتىدۇ ـ ئايال كىشى باتۇرنىڭ ئەتراپىدا يېپىشىپ خەۋەر ئالىدۇ» (22:31)

بۇ ئاجايىپ بېشارەتنىڭ شەرھى بەلكىم مۇنداق: ـــ
(1) «ئەتراپىدا يېپىشىش» (ئىبرانىي تىلىدا «ساباب» دېيىلىدۇ)نىڭ «قوغداش»، «خەۋەر ئېلىش» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار. «ساباب» (ئىبرانىي تىلىدا «ئەتراپى

بولىدۇ») دېگەن سۆزنى ئايەتتىكى «شوباب» (ئىبرانىي تىلدا «يولدىن چىققۇچى») دېگەن سۆز بىلەن سېلىشتۇرۇشىمىز كېرەك. «كونا ئەھدە» (تەۋرات-قانۇن) ئاستىدا ئىسرائىل ۋاپاسىز («شوباب») بولۇپ، خۇدا ئۇلارنى ھەردائىم «ئىزدەش»تىن باشقا ئامالى بولمىغان ئىدى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى تۈگىتىدىغان «يېڭى ئەھدە» (31-34نى كۆرۈڭ) «يېڭى قەلب، يېڭى روھ» بىلەن «ئايال كىشى باتۇرنىڭ ئەتراپىدا ياماشقان»دەك ئۇلار ئۆزلىكىدىن پەرۋەردىگارنى ئىزدەيدىغان («ساباب») بولىدۇ.

(2) ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەسىھ ئادەم سۈپىتىدە، مەريەمنىڭ قورسىقىدا ھامىلە بولغاندا بىر ئايالنىڭ بەدىنى ھەقىقەتەن «ئۇنىڭ ئەتراپىدا يېپىشقان». شۇ چاغدا ھەقىقەتەن باتۇر ئايال تەرىپىدىن قوغدالغان، دېگىلى بولىدۇ.

«يېڭى ئەھدە» توغرۇلۇق بېشارەت (31-34-ئايەتتە) مۇشۇ بېشارەتنىڭ كەينىگە كېلىدۇ. بىزنىڭچە بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئەمەس؛ شۇ ئاجايىب «يېڭى ئەھدە» مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى ۋە ئۇنىڭ دەل نىشان-مەقستى ئىدى.

## 22-باب، 30-ئايەتتىكى: ««بۇ ئادەم «پەرزەنتسىز... ئادەم» دەپ يازغىن» دېگەن بېشارەت توغرۇلۇق

«پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ بۇ ئادەم «پەرزەنتسىز، ئۆز كۈنىدە ھېچ غەلىبە قىلالمىغان بىر ئادەم» دەپ يازغىن؛ چۈنكى ئۇنىڭ نەسلىدىن ھېچقانداق ئادەم غەلىبە قىلىپ، داۋۇتنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ يەھۇدادا ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرمەيدۇ».

بۇ مۇھىم بېشارەت بويىچە يەھوئاكىن ئۆزى قايتىدىن پادىشاھ بولمايدۇ؛ ئۇنى «پەرزەنتسىز» دەپ يېزىش، ئۇنىڭ «بالىسى يوق ياكى بالىسى بولمايدۇ» دېمەكچى ئەمەس، چۈنكى تۆۋەندىكى سۆزلەردە «ئۇنىڭ نەسلى» تىلغا ئېلىنىدۇ؛ بەلكى «ئۇنىڭ نەسلىدىن ھېچقانداق ئادەم» پادىشاھ بولمايدۇ دېگەن مەنىدە. تەۋراتتىكى («يەرەمىيا»دىن كېيىنكى) «ھاگاي» ۋە «زەكەرىيا» دېگەن قىسىملار بويىچە، يەھوئاكىننىڭ چوڭ ئوغلى زەرۇببابەل كەلگۈسىدە مەسىھنىڭ مۇھىم بىر ئەجدادى

بولىدۇ («ھاگ.» 20:2، «زەك.» 6:4-10نى كۆرۈڭ). مۇمكىنچىلىكى باركى، ئەمەلىيەتتە زەرۇببابەلنىڭ ئاتىسى شېئالتىئەل يەھوئاكىننىڭ «جىسمىي نەسلى»دىن ئەمەس، بەلكى داۋۇتنىڭ شاھانە ئائىلىسىدىكى باشقا بىر جەمەتتىن بولۇپ، ئۇ يەھوئاكىن تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغان. پادىشاھلىق نەسەبنامە بويىچە يەھوئاكىننىڭ رەسمىي ۋارىسى، شۇنداقلا «داۋۇتنىڭ تەختىگە ۋارىس» دەپ ھېسابلىنىپ، مەسىھنىڭ ئەجدادى بولۇپ چىققان. ئىنجىل، «مات.» 12:1 ۋە «لۇقا» 27:3-28نى كۆرۈڭ. «لۇقا» 28:3 بويىچە شېئالتىئەلنىڭ ئاتىسى «نېرىي» ئىدى. نېرىي «داۋۇت پادىشاھنىڭ نەسلىدىن»، داۋۇتنىڭ ئوغلى ناتاننىڭ جەمەتىدىن ئىدى. بىزنىڭچە بابىلغا سۈرگۈن بولغان ۋاقتىدا نېرىي ئۆلگەن، يەھوئاكىن تۇغقانچىلىق قىلىپ نېرىينىڭ ئوغلى شېئالتىئەلنى ئۆزىنىڭكى دەپ بېقىۋالغانىدى.

(يەنى بىر مۇمكىنچىلىكى باركى، شېئالتىئەل زەرۇببابەلنى بېقىۋالغان ــ «1تار.» 17:3-19نى كۆرۈڭ).

يەھوئاكىن خۇدانىڭ «تەربىيە جازاسى»نى كۆرگەندىن كېيىن، بابىلدا قايتىدىن مەلۇم بىر ياخشىلىقنىمۇ كۆرگەن (52-باب، 31-34-ئايەتنى كۆرۈڭ).

## «بابىلدا يەتمىش يىللىق قۇللۇق» توغرۇلۇق بېشارەت؛ «يەتمىش يىللىق ۋەيران بولۇش»

«بارلىق ئەللەر ئۇنىڭ (نېبوقادنەسارنىڭ)، ئوغلىنىڭ ھەم نەۋرىسىنىڭ قۇللۇقىدا بولىدۇ؛ ئاندىن ئۆز زېمىنىنىڭ ۋاقتى-سائىتى توشقاندا، كۆپ ئەللەر ۋە ئۇلۇغ پادىشاھلار ئۇنىمۇ قۇللۇققا سالىدۇ» («يەر.» 7:27).

بۇ بېشارەت بەزىدە «بېكىتىلگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان» دېيىلىدۇ. چۈنكى نېبوقادنەسار ئاخىرىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 587-يىلى يەھۇدانى سۈرگۈن قىلغان، ۋە پارس ئىمپېراتورى قورەش مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 536-يىلى بارلىق سۈرگۈن بولغانلارغا ئازادلىق ئېلان قىلغان. ئارىلىقتىكى مەزگىل پەقەت 49 يىل ئىدى. لېكىن «قۇللۇق» بولسا 6- ھەم 8-ئايەتتە خاتىرىلەنگەندەك ئاللىقاچان باشلانغان: ــ

«هازىر مەن بۇ زېمىنلەرنىڭ ھەممىسىنى بابىل پادىشاھى، مېنىڭ قۇلۇم بولغان نېبوقادنەسارنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم؛ ھەتتا دالادىكى ھايۋانلارنىمۇ ئۇنىڭ قۇللۇقىدا بولۇشقا تەقدىم قىلدىم... لېكىن قايسى ئەل بويىنىنى بابىل پادىشاھىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا قويۇپ قۇللۇقىغا كىرسە، شۇ ئەلنى ئۆز يۇرتىدا تۇرغۇزىمەن، ئۇلار ئۇنىڭدا تېرىقچىلىق قىلىپ ياشايدۇ... » («يەر.» 6:27، 8-، 11-ئايەت ھەم 17:38-21-نى كۆرۈڭ).

يەھۇداغا نىسبەتەن نېبوقادنەسارنىڭ بىرىنچى قېتىم يېرۇسالېمغا كېلىشى، يەھوئاكىم پادىشاھنىڭ ئۇنىڭ «بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا» كىرىشى بىلەن باشلانغاندى؛ شۈبھىسىزكى، شۇ يىلقى «قۇللۇق» مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلى ئىدى.

قورەشنىڭ «ئازاد بولۇڭلار» دېگەن ئېلانى چىقىرىلغان ۋاقىت توغرۇلۇق ئازراق جەزمسىزلىك بار، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ رەسمىي ھالدا «بابىل پادىشاھى» بولغان ۋاقتى بىلەن باغلىق؛ ئالىملارنىڭ پەرەزلىرى بويىچە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 538-536-يىلى ئارىسىدا بولىدۇ. بابىل 539-538-يىلى ئىشغال قىلىندى، لېكىن «ئازاد قىلىش» جاكارنامىسى بەلكىم كېيىنرەك بولدى.

مۇمكىنچىلىكى باركى، بۇ «70 يىل» خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مېھرىبانلىقى بىلەن قىسقارتىلغان (تۆۋەندە 7:18-8 ئايەتلەر ئۈستىدىكى سۆزلەرنى كۆرۈڭ)؛ لېكىن بىز «ۋاقىت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 536-يىلى، بېشارەت دەل ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان» دېگەن كۆزقاراشقا مايىلمىز. شۇ ئارىلىقتىكى مەزگىل 69 «قۇياش يىلى» (365.25 كۈن) بولىدى؛ لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ ئارىلىقتىكى ۋاقىت دەل يەتمىش «بابىل يىلى» (360 كۈنلۈك يىل) بولىدى. ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى ھېسابلاپ باقسۇن: -

بىر «بابىل يىلى» = 360 كۈن.

70 «بابىل يىلى» 360 x كۈن = 25200 كۈن.

25200 كۈن÷25.365 كۈن = 69 «قۇياش يىلى».

## نېمىشقا «يەتمىش يىل»؟

تەۋرات، «لاۋ.» 27:26-42 ۋە «2تار.» 15:36-21-نى كۆرۈڭ («تارىخ-تەزكىرە»دىكى ئايەتلەر بولسا «لاۋىيلار»دىكى ئايەتلەرنىڭ بايان-شەرھىدۇر).

مۇسا پەيغەمبەرگە تاپىلانغانلىرى بويىچە ئىسرائىللار ئۆز زېمىنىغا ھەربىر يەتتىنچى يىلى «شابات يىل» (دەم ئېلىش يىلى)نى بېرىشى كېرەك ئىدى ــ دېمەك، ھەربىر يەتتىنچى يىل زېمىندا ھېچ تېرىقچىلىق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق ئىسرائىل بۇ تاپشۇرۇقنى زادى بويسۇنۇپ باقمىغانىدى. ئۇلار پەلەستىن زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتىن، يەنى يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىق دەل 490 يىل ئىدى. شۇڭا زېمىنىنىڭ تېگىشلىك «دەم ئېلىش ۋاقتى» ئىسرائىل ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغان 490 يىلنىڭ يەتتىدىن بىرى ئىدى. ئىسرائىل زېمىنغا بۇ ۋاقىتنى بەرمىگەچكە، خۇدا ئۆزى بەردى ــ دەل «يەتمىش يىل» ئىدى.

## «يەتمىش يىللىق ۋەيران (خاراب) بولۇش» (11:25)

مۆمىنلەرگە ئايان بولغىنى، 11:25ـئايەت ئىككى مەزگىلنى، يەنى «70 يىل قۇللۇق» ھەم «70 يىل ۋەيران بولۇش»نى كۆرسىتىدۇ؛ بىز مۇشۇ كۆزقاراشقا مايىل بولىمىز. بۇ كۆزقاراشنىڭ «دان.» 1:9-2ـئايەتلەردە مۆمىنلىكى كۆرۈنىدۇ: ــ

«مېدىئالىق ئاھاشۋېرۇشنىڭ ئوغلى دارىئۇسنىڭ بىرىنچى يىلىدا (ئۇ كالدىيەلەرنىڭ زېمىنىغا پادىشاھ قىلىندى) يەنى تەختكە ئولتۇرغان بىرىنچى يىلى مەنكى دانىيال مۇقەددەس يازمىلارنى ئوقۇشۇم بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىيا پەيغەمبەرگە يەتكۈزگەن كالام-بېشارىتى بويىچە، يېرۇسالېمنىڭ خاراب بولىدىغان جازا مەزگىلى يەتمىش يىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم» («دان.» 1:9-2).

دانىيالنىڭ كۆز ئالدىدىكى مۇھىم بېشارەت «يەر.» 11:25-12 بولۇشى كېرەك ئىدى: ــ

«... بۇ پۈتكۈل زېمىن ۋەيرانە ۋە دەھشەت سالغۇچى ئوبيېكت بولىدۇ، ۋە بۇ ئەللەر بابىل پادىشاھىنىڭ يەتمىش يىل قۇللۇقىدا بولىدۇ. ۋە شۇنداق بولىدۇكى، يەتمىش يىل توشقاندا، مەن بابىل پادىشاھىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئېلىنىڭ بېشىغا، شۇنداقلا كالدىيەلەرنىڭ زېمىنى ئۈستىگە ئۆز قەبىھلىكىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى مەڭگۈگە خارابىلىك قىلىمەن».

«پۈتكۈل زېمىن» ۋەيرانە بولۇپ، «قەھەتچىلىك ۋە ۋابا كېسىلى»گە ئۇچرايدىغان مەزگىل بولسا دەل زەدەكىيا پادىشاھ نېبوقادنەسارغا ئىسيان كۆتۈرۈپ، نېبوقادنەسار يەھۇدا زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن كۈنى بىلەن باشلىنىشى مۇمكىن: بۇ ۋاقىت زەدەكىيا تەختكە ئولتۇرغان «توققۇزىنچى يىلى ئونىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى»، مىلادىيەدىن ئىلگىركى 589-يىلى ئىدى («ئەز.» 1:24، 2).

بۇ ۋاقىتتىن 70 «بابىل يىلى» ياكى 69 «قۇياش يىلى» كېيىن، مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلى قايتىدىن سېلىنغان كۈنى، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىركى 520-يىلى، «توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى»گە كەلگەندە، شۇ كۈنى ھاگاي پەيغەمبەر شۇنى ئېلان قىلدى: —

«ئەمدى ئۆتۈنىمەنكى، كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار — بۇ كۈن، يەنى توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنىدىن باشلاپ، مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ، — يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشىنى باشلىغان كۈنىدىن كېيىنكى ئىشلارغا كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار؛

دانلار ئامبارغا يىغىلغانمۇ؟ ئۈزۈم تاللىرى، ئەنجۈر، ئانار ھەم زەيتۇن دەرەخلىرى ھېچ مېۋە بەرمىدى. بىراق مەن بۇ كۈندىن باشلاپ سىلەرنى بەرىكەتلەيمەن» («ھاگ.» 2:18-19).

بىزنىڭچە «ۋەيران بولۇش» دەۋرى شۇ كۈنى بىلەن ئاخىرلاشتى.

## شاراب، ھاراق ئىچىش توغرۇلۇق: «رەكابىيلار»دىن ئالغان ساۋاقلار (36-باب)

تەۋراتتا ياكى ئىنجىلدا شاراب ئىچىش مەنئى قىلىنغان ئەمەس؛ مەست بولۇش قەتئىي مەنئى قىلىنغان؛ ھەددىدىن ئېشىپ ئىچىش توغرۇلۇق قاتتىق ئاگاھلار بار. ھەرقانداق شاراب-ھاراق توغرۇلۇق يەنە روشەن جېكىلەشلەرمۇ بار (مەسىلەن، «پەند-نەسىھەتلەر» 1:20). ئۇنىڭدىن باشقا ئىنجىل بىزگە مۇشۇ جەھەتلەردە ئۆزىمىزگە نېمە ئىش ياقىدۇ دەپ ئويلاشلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھاجىتىگە كۆڭۈل قويۇشىمىز كېرەكلىكىنىمۇ جېكىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز باشقىلارنىڭ

ئېتىقادىغا ياكى سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى (مەيلى شاراب ئىچىش بولسۇن ياكى ھەرقانداق باشقا ئىش بولسۇن) قىلماسلىقىمىز لازىم؛ بۇنىڭ روشەن بىر مىسالى، ھاراق خۇمارى بولغان ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىچمەسلىكىمىز كېرەك.

رەكابىيلارنىڭ جەمەتى بولسا دەۋردىن-دەۋرگە ئەجدادى يونادابنىڭ «ھاراق-شاراب ئىچمەڭلار» دېگەن تەلەپلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ مۇساغا تاپشۇرۇلغان قانۇندىكى: «ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەتلە» دېگەن ئەمرگە ئىتائەت قىلغانىدى.

ئەمدى ئويلاپ باقساق: ـ ئۇلار بىر پەيغەمبەر تەرىپىدىن، يەنى يەرەمىيادەك ئۇلار ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ كەلگەن بىر پەيغەمبەر تەرىپىدىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزىگە، كاھىنلاردىن بىرسىنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىندى؛ ئاندىن پەيغەمبەر ئۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇلارغا: «شارابقا ئېغىز تېگىڭلار!» دەپ تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئۇلارغا: «بۇ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى» دېگەن گەپنى قىلمىغانىدى؛ لېكىن بۇ بەربىر ئىنتايىن ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ تەكلىپى بولغاندىن كېيىن، بۇ تەكلىپنى ھۆرمەتلەش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار دەرھال كەسكىن جاۋاب بېرىپ: «ئىچمەيمىز!» – دېدى. ئۇلار توغرا قىلدىمۇ؟ كېيىن يەرەمىيانىڭ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى تەرىپلىگەنلىكى ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۇلارغا بولغان تەكلىپى ئەمەلىيەتتە پەرۋەردىگاردىن بولغان بىر سىناق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئىش بىزگە ئىككى ئىنتايىن مۇھىم پرىنسىپنى ئېلىپ كېلىدۇ:

(1) خۇدانىڭ سۆزى ھەربىر ئىنساننىڭ (ئۇنىڭ مەرتىۋىسى قانچە ئۈستۈن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) تەكلىپ-تەلىپىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ ۋە: ـ

(2) مەلۇم بىر ئىشنىڭ خۇدانىڭ سۆزى ياكى ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىگەن ئەھۋالدا (بۇ گەرچە بىر پەيغەمبەرنىڭ تەكلىپى بولسىمۇ) خۇدانىڭ بىزگە بۇرۇن ئېنىق تاپىلىغانلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىكىمىز لازىم. ئىنجىلدىكى سۆزلەردە: «ئىشەنچتىن بولمىغان ھەرقانداق ئىش گۇناھتۇر» دېيىلگەن («رىم.» 23:14). بۇ «ئىشتا گۇمان بولسا، قىلما!» دېگەن سۆزنىڭ باشقا ياخشى بىر ئىپادىسىدۇر.

## بابىل شەھىرىنىڭ ئۆرۈۋېتىلىشى توغرۇلۇق بېشارەتلەر (50-51-باب)

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ بابلاردىكى بابىل شەھىرىنىڭ ئۆرۈۋېتىلىشى توغرىسىدىكى بېشارەتلەر بىرمۇبىر ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئايەتلەرنىمۇ، ھەم ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان ئايەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز تۆۋەندە بۇ ئىككى جەھەت ئۈستىدە توختىلىمىز. لېكىن ئاۋۋال شۇلارنى كۆرستىشىمىزكە ئەرزىيدۇ: ــ

(1) بابىل خۇدا بېكىتكەن ۋاقتى كەلگەندە ئۆز گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىپ ئۆرۈۋېتىلىدۇ؛

(2) بابىل خۇدانىڭ جازاسىنى ئىسرائىلغا يەتكۈزگەن قورالى بولغان.

(3) گەرچە بابىلنىڭ ئۆزىنىڭ جازالىنىدىغان گۇناھلىرى بولغان بولسىمۇ، خۇدانىڭ ئىسرائىلغا كۆرسەتكەن ئىرادىسى شۇكى، ئىسرائىل بابىلغا (خۇدانىڭ «جازا قورال»ى سۈپىتىدە) ئىختىيارى بىلەن بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ھەتتا 70 يىللىق بويسۇنىدىغان مەزگىلدە بابىلنىڭ تىنچ-ئاۋاتلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى كېرەك ئىدى.

بابىلدىن ئېلىنىدىغان قىساس ئىسرائىلنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭكى ئىدى: «ئىنتىقام ئالماقلار، ئى سۆيۈملۈكلىرىم؛ ئۇنى خۇداغا تاپشۇرۇپ ئۇنىڭ غەزىپىگە يول قويۇڭلار، چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان: «پەرۋەردىگار دەيدۇكى، ئىنتىقام مېنىڭكىدۇر، يامانلىق مەن قايتۇرىمەن»» («قان.» 35:32، «رىم.» 19:12).

«خۇدانىڭ كۈچلۈك قولىغا بويسۇنۇپ، ئۆزۈڭلارنى كىچىك پېئىل تۇرۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېگىشلىك ۋاقتىدا سىلەرنى يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ» («1پېت.» 6:5)

## بۇ ئايەتلەردە تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان بېشارەتلەر

بابىل شەھىرى ھەم ئىمپېرىيەسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى ئۆرۈۋېتىلگەندە، ئۆرۈۋېتىلىشى توغرۇلۇق بېرىلگەن بېشارەتلەردىن بەزىلىرى كۆرۈلمىگەن: ــ

(1) بابىلغا ھۇجۇم قىلغانلار «شىمالىي زېمىندىن بابىلغا جەڭ قىلماقچى بولغان زور بىر توپ ئۇلۇغ ئەللەر» (9:50) بولماستىن، بەلكى شەرقتىن ۋە شىمالدىن كەلگەن پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنىدۇر.

(2) «ئۇنىڭ ھەر چەت-چەتلىرىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىڭلار، ئامبارلىرىنى ئېچىۋېتىڭلار؛ ئۇنىڭچىلەرنى دۆۋىلىگەندەك ئۇنى خارابە-خارابە قىلىپ دۆۋىلەپ ۋەيران قىلىڭلار؛ ئۇنىڭ ھېچنىمىسىنى قالدۇرماڭلار!» (26:50).

تاجاۋۇز قىلغان پارس قوشۇنى ئۇنداق قىلمىغان، ئەكسىچە ئۆزلىرىنى بۇزغۇنچىلىقتىن خېلى تارتىنۋالغان. قورەش شەھەرنى ۋەيران قىلمىغان. 50 يىلدىن كېيىن كسەركسىس پادىشاھ شەھەردە ئىسيانىنى باستۇرۇپ سېپىل-ئىستىھكاملارنى غۇلىتىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن. شەھەر ئاستا-ئاستا «دۆۋە-دۆۋە خارابىلەر، چىلبۆرىلەرنىڭ تۇرالغۇسى» (37:51) ۋە «بىر جاڭگال، قاغجىراق يەر ۋە چۆل-باياۋان» (12:50) بولۇپ قالغان. ئاخىر بېرىپ ئۇ ئىراقتىكى قۇملۇق ئاستىغا پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ كەتكەن. شۇ يەرلىك قويچىلارمۇ ئۇنىڭدىن: «جىن چاپلاشقان جاي» دەپ شۇ يەرنى دەسسەشتىنمۇ قورققان. كۆتۈلمىگەن يەردىن 1980-يىللىرى سادام ھۇسەين ئۇنى: «ساياھەت ئورنى بولسۇن» دەپ قايتىدىن قۇرۇشقا باشلىغان.

(3) «بابىل ئىچىدىن قېچىڭلار، ئۆز جېنىڭلارنى ئېلىپ بەدەر قېچىڭلار!» (6:51 ۋە 45). ئەمەلىيەتتە بولسا قورەش «ئازاد بولۇڭلار» دەپ ئېلان قىلىپ پەرمان چۈشۈرگەندە، سۈرگۈن بولغانلار «جېنىنى ئېلىپ بەدەر قېچىش» كېرەك ئەمەس ئىدى. بەزىلەر بابىلدا تۇرۇۋېرىپ كسەركسىس بابىلنى بەربات قىلغۇچە كەڭ-ئازادىلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ كەلگەن؛ شۇ ۋاقىتتا بىشارەت، شۈبھىسىزكى، بابىلدا تۇرغان بۇ يەھۇدىيلارغا توغرا كېلىپ، قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

## بابىل توغرىسىدىكى بۇ «تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان» بېشارەتلەر قانداق چۈشەندۈرەلەيمىز؟

(1) «يەر.» 7:18-8دە، بىز بېشارەتلەر توغرۇلۇق شۇ مۇھىم قانۇنىيەتنى بايقايمىز: —

«بەزىدە مەن مەلۇم بىر ئەل، مەلۇم بىر مەملىكەت توغرۇلۇق، يەنى ئۇنىڭ يۇلۇنۇشى، بۇزۇلۇشى ۋە ھالاك قىلىنىشى توغرۇلۇق سۆزلەيمەن؛ شۇ چاغ مەن ئاگاھلاندۇرغان شۇ ئەل يامانلىقىدىن توۋا قىلىپ يانسا، مەن ئۇلارغا قىلماقچى بولغان يامانلىقتىن يانىمەن».

لېكىن ئەلنىڭ ئىشلىرى يەنىلا ھەققانىيسىزلىككە پېتىپ كەتسە ئەمدى خۇدا ئاگاھلاندۇرغان جازانى بىر كۈن بولمىسا يەنە بىر كۈنى بېشىغا چۈشۈرىدۇ: —

«مەن يەنە بەزىدە مەلۇم بىر ئەل، مەلۇم بىر مەملىكەت توغرۇلۇق، يەنى ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تىكىپ ئۆستۈرۈلۈشى توغرۇلۇق سۆزلەيمەن؛ شۇ چاغ شۇ ئەل كۆز ئالدىمدا يامانلىق قىلىپ ئاۋازىمنى ئاڭلىمىسا، مەن يەنە ئۇلارغا ۋەدە قىلغان، ئۇلارنى بەرىكەتلىمەكچى بولغان ياخشىلىقتىن يانىمەن».

بىز يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ 150 يىل ئىلگىرى نىنەۋە شەھىرىگە يەتكۈزگەن ئاگاھىدىن بۇنىڭغا بىر مىسالنى كۆرىمىز. ئۇ: «قىرىق كۈن ئىچىدە، نىنەۋە ئۆرۈۋېتىلىدۇ!» دەپ جاكارلىغان. نىنەۋەدىكىلەر خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ ئۇزۇل-كېسىل توۋا قىلغان؛ نەتىجىدە، شەھەر 40 كۈن ئىچىدە ئۆرۈۋېتىلمىدى (يۇنۇس بۇنىڭدىن مەيۈسلىنىپ كەتتى!). ھالبۇكى كېيىن، يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئاگاھ قىلىنغان جازا چۈشۈرۈلگەن. «مەڭگۈ ئۆرۈلمەس» شەھەر جاھاننى زىلزىلە كەلتۈرۈپ بىر كۈندىلا بالايىئاپەت بىلەن ئۆرۈۋېتىلگەن. تەۋراتنىڭ «دانىيال» قىسمىدىكى 4-بابتىن بىلىمىزكى، بابىل پادىشاھى نىبوقادنەسار ئۆزىنى تۆۋەن قىلىپ تەكەببۇرلۇقى ھەم رەھىمسىزلىكىدىن توۋا قىلىپ تەختىگە قايتا ئولتۇرغۇزۇلغان. ئىشىنىمىزكى، ئۇنىڭ ئۇزۇل-كېسىل توۋا قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، بابىلغا چۈشىدىغان ئاخىرقى تولۇق جازا كېچىكتۈرۈلگەن.

يەنە ئىشىنىمىزكى، ئىنجىل «ۋەھ.» 17-18-بابلاردا ئايان قىلىنغاندەك، بۇ «ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان ئايەتلەر» ئاخىرقى زامانلاردا قايتىدىن پەيدا بولغان يېڭى بىر «روھىي ھەم جىسمانىي» بابىلدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ يېڭى بابىل دەججالنىڭ پايتەختلىرىدىن بىرى بولىدۇ. گەرچە ھازىر پەقەت «ساياھەت ئورنى» بولسىمۇ، سادام ھۈسەيىننىڭ ئۇ يەردە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى بۇنىڭ باشلىنىشى دەپ ئىشىنىمىز.

## بابىل شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندا بىرمۇبىر ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بېشارەتلەر

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى بابىلنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى تارىختا ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك ھېكايىلەردىن بىرىدۇر. بابىل شەھىرى نىنەۋە شەھىرىدىن تېخىمۇ «ئۆرۈلمەس» ئىدى. «قوش سېپىل»نىڭ ئايلانمىسى 30 كىلومېتىر، سىرتقى سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 110 مېتىر ۋە قېلىنلىقى 4 مېتىر ئىدى، ئىچكى سېپىلنىڭ قېلىنلىقى 7 مېتىر ئىدى. سىرتقى سېپىل ئۈستىدە يەنە 80 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار-پوتەيلەر جايلاشقانىدى؛ شۇ يەردىن يىراقتا تۇرغان دۈشمەنگە ئوق، ئوت ۋە تاشلارنى ئاتقىلى بولاتتى. ئىچىدىكى مېمارچىلىق ۋە يوغان ئىمارەتلەر شۇ دەۋردە «جاھاندا بىر» دەپ ئاتالغان. يەشايا، ئەزاكىيال ۋە يەرەمىيا پەيغەمبەرلەر بابىلنىڭ ھالاكىتى توغرۇلۇق بەرگەن بېشارەتلەر شۈبھىسىزكى، شۇ دەۋردىكىلەرگە «ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرۈنەتتى.

ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغان ئىش شۇكى، بابىل ئوق ئېتىلماي دېگۈدەك ئىشغال قىلىنغان. دۇنياغا كېلىشىنى يەشايا پەيغەمبەر ئالدىنئالا ئېيتقان، پارس ئىمپېراتورى قورەش قوشۇنىنى يېتەكلەپ شەھەرگە يېقىنلىشىدۇ. كالدىيلەر قوشۇنى پەقەت شەھەر ئىچىگە چېكىنىدۇ. شەھەردە بىرنەچچە يىللىق قورشاۋغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئوزۇق-تۈلۈك ساقلانغان بولۇپ، يوغان ئەفرات دەرياسى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە ئۇزۇلمەس سۇ مەنبەسىمۇ بار ئىدى.

شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشىنىڭ ئورنىغا، قورەش «ئالدىن يۈرگۈچى قىسىم»نى شەھەرگە يېقىن ئەۋەتىپ، قوشۇنىنىڭ كۆپىنچىسىنى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى بويىدا بىرنەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشتۇردى. شۇ يەردە ئۇنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى

دادىل بىر پىلاننى تۈزدى؛ ئۇلار دەريا ئېقىنىنىڭ يۆنىلىشىنى دەرياغا يېقىن بىر ئويمانلىقتا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ شەھەردىن ئۆتىدىغان دەريا ئېقىنىنى تۆۋەنلىتىپ ئۆز كۈچلىرىنىڭ دەريانىڭ كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزىدىن، يەنى ئىككى تەرەپتىن شەھەرگە كىرگۈزۈش پۇرسىتىنى ياراتماقچى بولدى. سېپىلنىڭ ئاستىدا دەريانىڭ ئىككى قېتىدا كېمىلەر كىرىپ-چىقىدىغان «ئىككى قاناتلىق» ئىككى چوڭ دەرۋازا بېكىتىلگەنىدى؛ لېكىن بۇ دەرۋازىلار دەريانىڭ تېگىگە يەتمەيتتى، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭ بىلەن قورەشنىڭ لەشكەرلىرى دەريا بىلەن ئويمانلىق ئارىلىقىغا چوڭقۇر لېكىن قىسقا بىر ئۆستەڭ چاپتى. ئۆستەڭدىن چېپىلغان تاش-توپىلارنى ئەفرات دەرياسىنىڭ ئىككى يېنىغا دۆۋىلەپ، دەريانى توسۇشقا تەييارلىدى. بېكىتكەن كۈنى كەچقۇرۇن ئۇلار ئۆستەڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىنى چېپىپ ئېغىز ئېچىپ، دەريانىڭ سۈلىرىنى ئويمانلىق تەرەپكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دەريانىڭ قېشىغا دۆۋىلەپ قويغان تاش-توپىلارنى دەريانىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ چۈشۈرۈپ دەريانىڭ يۆنىلىشىنى توسۇۋالدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆڭلىدە سوققان چوتلىرى توغرا چىقتى؛ دەريا پەسىيىپ، شەھەرگە يېقىن تۇرغان قوشۇن ئۈچۈن دەريادىن مېڭىپ شەھەرگە كىرگۈدەك پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

دەل شۇ كۈنى كەچتە، پادىشاھ ئەمىرلىرى بىلەن چوڭ بىر بايرامنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. قەدىمكى زاماندىكى گرېك تارىخشۇناسلىرى كسېنوفون ۋە ھېرودىتۇسنىڭ بىزگە خەۋەرلەندۈرۈشىچە، بابىللىقلار ئۈچىغا چىققان ھاراقكەشلەر ئىدى (تەۋرات «دانىيال» 5-بابتا ئوردىدا يۈز بەرگەن ئىشلار خاتىرىلەنگەن).

پادىشاھ ئەمىرلىرى، ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن كاتتا زىياپەتتە ئولتۇرۇپ مەست بولغاندا بىر پەرىشتىنىڭ قولى كۆرۈنۈپ، تامغا ھەرپلەرنى يېزىپ پادىشاھقا، بۈگۈن كېچە پادىشاھلىقىڭ سەندىن باشقا بىرسىگە تاپشۇرۇلىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. ئوردىنىڭ سىرتىدىمۇ پۇقرالار بايرامنى تەبرىكلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بولغان ئىشەنچىسى شۇنچە كامىل ئىدىكى، ھەتتا سېپىلدا كۈزەتچىلىك قىلىدىغان جېسەكچىلەرمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىككى گرېك تارىخشۇناسنىڭ دېيىشىچە، شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پۇقرالار ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپلا شەھەر ئاساسەن ئىشغال قىلىنىپ بولغان.

ۋەقەنىڭ بۇ تەپسىلاتلىرى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، يەرەمىيانىڭ بەزى سىرلىق بېشارەتلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇق. تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى مىسال سۈپىتىدە نەقىل كەلتۈرىمىز (ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى باشقا ئايەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى بايقىيالىشى مۇمكىن): —

«كالدىيلەر ئۈستىگە ھەمدە بابىلدا تۇرۇۋاتقانلار، ئەمىرلىرى ۋە دانىشمەنلىرى ئۈستىگە قىلىچ چۈشىدۇ، — دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ قىلىچ پالچىلار ئۈستىگە چۈشكەندە، ئۇلار ھاماقەت-ئەخمەقلەردەك كۆرۈنىدۇ؛ قىلىچ ئۇلارنىڭ پالۋانلىرى ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇلار پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ؛ قىلىچ ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئۈستىگە، جەڭ ھارۋىلىرى ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ سەپلىرىدە تۇرغان بارلىق يات لەشكەرلەر ئۈستىگە چۈشىدۇ، ئۇلار ئاياللاردەك بولىدۇ؛ قىلىچ خەزىنىلىرى ئۈستىگە چۈشىدۇ، ئۇلار بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ» (50:35-37).

بىز ھازىر پارس قوشۇنىنىڭ قانداق يول بىلەن شۇنچە تېز شەھەرنى بېسىپ كىرگەنلىكىنى چۈشىنىمىز. ئىشغال قىلىنىش تۇيۇقسىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ «ئاتلىرى، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە بارلىق يات لەشكەرلەر» ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ھەتتا جەڭگە تەييارلىنىشقا ۋاقىت-پۇرسەت يوق ئىدى.

«قۇرغاقچىلىق ئۇلارنىڭ سۇلىرى ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇلار قۇرۇپ كېتىدۇ؛ بۇلارنىڭ سەۋەبى زېمىنى ئويما بۇتلارغا تولۇپ، ئۇلار قورقۇنچلۇق مەبۇدلار تۈپەيلىدىن تەلۋىشىپ كەتكەن. شۇڭا چۆلدىكى جانىۋارلار ۋە چىلبۆرىلەر بىرلىكتە شۇ يەردە تۇرىدۇ؛ شۇ يەردە ھۇۋقۇشلار ماكانلىشىدۇ؛ ئۇ مەڭگۈگە ئادەمزاتسىز بولىدۇ، دەۋردىن-دەۋرگە ھېچ ئاھالىلىك بولمايدۇ» (50:38-39).

بىز ھازىر «قۇرغاقچىلىق ئۇلارنىڭ سۇلىرى ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇلار قۇرۇپ كېتىدۇ» دېگەن بۇ سىرلىق سۆزلەرنى چۈشىنەلەيمىز. 39-ئايەت ئەسىردىن-ئەسىرگە ئاستا-ئاستا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. شەھەر چۆلدىكى قۇملار ئاستىدا كۆمۈلۈپ تېپىلماس بولۇپ كەتتى. بەزى خۇداسىز كاپىر تارىخشۇناسلار ھەتتا: «مۇقەددەس كىتابتا خاتىرىلەنگەن بابىل بولسا بىر رىۋايەت، خالاس، ئۇ

مەۋجۇت ئەمەس!» دەپ مازاق قىلدى. لېكىن 19-ئەسىردە بەزى ئارخېئولوگلار خارابىلەرنى قۇملۇقلاردىن كولاپ چىقتى.

ئىشىنىمىزكى، ئاخىرقى زاماندىكى «بابىل شەھىرى»نىڭ ئاقىۋىتى كونا شەھەرنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ — «شۇڭا چۆلدىكى جانىۋارلار ۋە چىلبۆرىلەر بىرلىكتە شۇ يەردە تۇرىدۇ،... ئۇ مەڭگۈگە ئادەمزاتسىز بولىدۇ، دەۋردىن-دەۋرگە ھېچ ئاھالىلىك بولمايدۇ»

«— ئوقلارنى ئۇچلاڭلار! قالقانلارنى تۇتۇڭلار! پەرۋەردىگار مېدىئانىڭ پادىشاھلىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتتى؛ چۈنكى ئۇنىڭ نىيىتى بابىلغا قارشى، ئۇنى بەربات قىلىش ئۈچۈندۇر؛ ئۇ ئىش بولسا پەرۋەردىگارنىڭ قىساسى، يەنى ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن ئالغان قىساسىدۇر. بابىلنىڭ سېپىللىرىغا قارىتىپ جەڭ تۇغىنى كۆتۈرۈڭلار؛ كۆزەتنى تېخىمۇ چىڭراق قىلىڭلار، كۆزەتچىلەرنى بابىلنى چۆرىدىتىپ سەپتە تۇرغۇزۇڭلار؛ بۆكتۈرمە قويۇڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار بابىلدىكىلەرنىڭ جازاسى توغرۇلۇق نىيىتىنى دېگەن بولسا، ئۇ شۇنى كۆڭلىدە پەملەپ، ئۇنى ئادا قىلىدۇ» (12-11:51).

خۇدانىڭ بابىل ئىمپېرىيەسىنى ئۆرۈشتىكى قورالى دەرۋەقە مېدىئالىقلار (پارسلار بىلەن بىللە) ئىدى. يۇقىرىدا دۈشمەنلىرىگە: «كۆزەتنى تېخىمۇ چىڭراق قىلىڭلار، كۆزەتچىلەرنى بابىلنى چۆرىدىتىپ سەپتە تۇرغۇزۇڭلار» دېگەن بېشارەت بولسىمۇ، بابىللىقلار ھالقىلىق پەيتتە ھېچقانداق كۆزەتچىلىك قىلمىغان؛ شۇنىڭ بىلەن «بۆكتۈرمە»لەر تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان.

«بابىلدىكى پالۋانلار ئۇرۇشتىن قول ئۈزىدۇ؛ ئۇلار قورغانلىرىدا ئامالسىز ئولتۇرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ دەرمانى قالمايدۇ، ئۇلار ئاياللاردەك بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇنىڭ تۇرالغۇلىرىغا ئوت قويۇلىدۇ؛ دەرۋازا سالاسۇنلىرى سۇندۇرۇلىدۇ. يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر چاپارمەن يەنە بىر چاپارمەنگە، بىر خەۋەرچى يەنە بىر خەۋەرچىگە بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىدىلا ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا: —

«سىلىنىك پۈتكۈل شەھەرلىرى ئۇ چەتتىن بۇ چەتكىچە ئىشغال قىلىندى؛ دەريا كېچىكلىرى ئىگىلىۋېلىندى، قومۇشلۇقلار ئوتتا كۆيدۈرۈلدى، پالۋانلىرى دەككە-دۈككىگە چۈشۈشتى!»
— دەپ جاكارلىشىدۇ» (51:30-32)

بىز يۇقىرىدا «بابىلدىكى پالۋانلار ئۇرۇشتىن قول ئۈزىدۇ» دېگەن ۋەقە توغرۇلۇق سۆز قىلدۇق.

«دەريا كېچىكلىرى ئىگىلىۋېلىندى» — بۇ، شەھەرنىڭ دەريادىن ھەم ئىچىدىكى ئۆستەڭلەردىن ئۆتىدىغان كۆۋرۈكلەر ياكى كېچىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جايلار تەبىئىي ھالدا مېكىپ كىرگەن پارس قوشۇنى تەرىپىدىن بىرىنچى بولۇپ ئىگىلىۋېلىنغان.

«قومۇشلۇقلار ئوتتا كۆيدۈرۈلدى» — شەھەرنىڭ سىرتىغا بىرنەچچە قومۇشلۇق جايلاشقان. بۇلار كۆيدۈرۈلسە، شەھەردىن قاچقانلار يوشۇرۇنغۇدەك جايلار قالمايتتى.

«شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: —
مانا، مەن سېنىڭ دەۋايىڭنى سورايمەن، سەن ئۈچۈن قىساس ئالىمەن؛ مەن ئۇنىڭ دېڭىزىنى قۇرۇتىمەن، بۇلىقىنى قاغجىرىتىمەن. بابىل بولسا دۆۋە-دۆۋە خارابىلەر، چىلبۆرىلەرنىڭ تۇرالغۇسى بولىدۇ؛ زېمىنى ئادەمنى دەھشەتكە باسىدىغان ھەم دائىم ئۈش-ئۈش قىلىنىدىغان ئوبيېكت بولىدۇ، ھېچ ئادەم شۇ يەردە تۇرمايدۇ» (51:36-37)

بىز يۇقىرىدا بۇ بېشارەتنىڭ كۆپ تەپسىلاتلىرى ئۈستىدە توختالدۇق.
«مەن ئۇنىڭ دېڭىزىنى قۇرۇتىمەن، بۇلىقىنى قاغجىرىتىمەن» — بۇ، نىبوقادنەسارنىڭ ئايالى نىكتورىس قۇرغان چوڭ بىر سۇ ئامبىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ سۇ ئامبىرى قۇرۇپ كەتسە شەھەر ۋە ئەتراپىدىكى بۇلاقلىرى قۇرۇپ كېتەتتى. مۇمكىنچىلىكى باركى، شەھەرنىڭ مەلۇم قىسمىغا سۇ تەمىنلەنمىسۇن دەپ بۇ سۇ ئامبىرى پارس قوشۇنى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان (گرېك تارىخشۇناس ھېرودوتۇسنىڭ «تارىخلار» 1:185نى كۆرۈڭ).

## يەھوئاكىن سۈرگۈن بولغاندا زىنداندىن چىقىرىلىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

خۇدانىڭ يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق كۆرسەتكەن ۋەدىسى بويىچە، ئۇ يېرۇسالېم ۋەيران قىلىنىپ يەھۇدادىكىلەر سۈرگۈن بولغان 70 يىلدىن كېيىن، ئۇلار قۇتقۇزۇلۇپ، ئەھۋالى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بىرىنچىدە يەھوئاكىننىڭ زىنداندىن چىقىرىلغانلىقى (31:52-34) بايان قىلىنىشتىكى مەقسەت، كەلگۈسىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى يەھوئاكىن ئەسكى پادىشاھ بولغانىدى؛ خۇدا بابىل پادىشاھى ئارقىلىق ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن بۇ مېھىر-شەپقىتى، يەنى ئەۋىل-مېروداق پادىشاھنىڭ ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ ئۆزىگە دائىملىق ھەمداستىخان قىلىشى، ئادەمنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ؛ چۈنكى بابىل پادىشاھلىرى خۇدانى تونۇمايدىغان، ئادەتتە ئىنتايىن رەھىمسىز ئادەملەر ئىدى. لېكىن ھەممىگە قادىر خۇدا رەھىمسىز پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق بىر خىيالنى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى شۇنداق ئاجايىپ ئۆزگەرتكەن يەردە، ئەمدى ئۇنىڭ پۈتكۈل بىر ئەلنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سۈرگۈن بولغان ياكى باشقا يۇرتقا تارقىتىلغان يەھۇدىيلار بۇ ۋەدىدىن ئۈمىد ئالغان بولسا كېرەك.

ئوقۇرمەنلەرگە بەلكىم مەلۇم بولىدىكى، يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ: «خۇدا سىلەرنى سۈرگۈن بولغىنىڭلاردىن 70 يىل كېيىن قۇتقۇزۇپ، ئەھۋالىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ» دېگەن بېشارىتى پارس ئىمپېراتورى، يەنى ئوخشاشلا خۇدانى تونۇمايدىغان «قورەش» ئىسىملىك ئادەم ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

دېمىسەكمۇ، «يەرەمىيا» قىسمىدىكى بۇ 52-باب بەلكىم يەرەمىيا پەيغەمبەر دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن باشقا نامەلۇم بىر ئىخلاسمەن ئادەم (بارۇقمىكىن؟) تەرىپىدىن يەرەمىيانىڭ يازمىلىرىغا كېيىن قوشۇلغان بولسا كېرەك. يەرەمىيا ئۆزى بەلكىم مىسىردا ۋاپات بولغان.

## خۇدانىڭ يەرەمىيانى چاقىرغاندا ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسى

يەرەمىيا ياش يىگىت بولۇپ، خۇدا ئۇنى چاقىرغىنىدا ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ۋەدىنى قىلغان: —

«قارا، مەن بۈگۈن سېنى يەھۇدانىڭ پادىشاھلىرىغا، ئەمىرلىرىگە، كاھىنلىرىغا ھەم پۈتكۈل زېمىن خەلقىگە قارشى تۇرغۇچى مۇستەھكەم شەھەر، تۆمۈر تۈۋرۈك ۋە مىس سېپىللاردەك تىكلىدىم. ئۇلار ساڭا قارشى جەڭ قىلىدۇ، لېكىن سېنىڭ ئۈستۈڭدىن غەلىبە قىلالمايدۇ — چۈنكى مەن سېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەن بىلەن بىللىدۇرمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار» (1:18-19).

ئوقۇرمەنلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلىدۇكى، خۇدانىڭ بۇ سۆزلىرى «ئۆتكەن زاماندا» ئېيتىلغان. بىر قاراشقا، يەرەمىيا پەقەت گۇۋەدەك بىر ياش يىگىتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىمان-ئىشەنچكە نىسبەتەن خۇدانىڭ سۆزى ئاللىقاچان ئىشەنگۈچىلەرگە پاكىت بولغان. ئىمان-ئىشەنچكە تولغان ئادەم ئىشلارغا خۇدانىڭ كۆزقارىشى بىلەن قارايدۇ.

يەرەمىيانىڭ قىرىق يىلدىكى دۇچ كەلگەن قارشىلىقلارغا يۈزلىنىشى ۋە تاقابىل تۇرۇشى خۇدانىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن پاكىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى يەرەمىيانىڭ جۈرئىتى ھەم ئاجىزلىقى ئارقىلىقمۇ روشەن كۆرۈنۈپ كەلگەن. بەزى ۋاقىتلاردا يەرەمىيا دەرماندىن كەتكەنلىرىنى ھەم دەردلىرىنى خۇداغا تۆككەن: —

«ئاھ، مەن ئۈچۈن چۆل-باياۋاندا يولۇچىلار چۈشكىدەك بىر تۇرالغۇ بولسىئىدى! ئۇنداقتا خەلقىمنى تاشلاپ، ئۇلاردىن ئايرىلغان بولاتتىم! چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىناخورلار، مۇناپىقلارنىڭ بىر جامائىتىدۇر!» (2:9).

12-بابتا ئۇ يەنە يولنىڭ قىيىنچىلىقى توغرۇلۇق داد كۆتۈرگەن: —

«مەن دەۋايىمنى ئالدىڭغا ئېلىپ كەلسەم، ئادىل بولۇپ كەلدىڭ، ئى پەرۋەردىگار؛ لېكىن سەن بىلەن ئۆز ھۆكۈملىرىڭ توغرۇلۇق

سۆزلەشمەكچىمەن؛ نېمىشقا رەزىللەرنىڭ يولى روناق تاپىدۇ؟ ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى نېمىشقا كەڭرى-ئازادىلىكتە تۇرىدۇ؟...
لېكىن سەن، ئى پەرۋەردىگار، مېنى بىلىسەن؛ سەن مېنى كۆرۈپ كەلگەنسەن، ئۆزۈڭگە بولغان سادىقلىقىمنى سىنىغانسەن. ئۇلارنى بوغۇزلاشقا پۈكتىلگەن قويلاردەك ئايرىپ سۆرەپ چىققايسەن، ئۇلارنى قەتل كۈنىگە ئايرىغايسەن.
بۇ خەلق: «خۇدا ئاقىۋىتىمىزنى ھېچ كۆرمەيدۇ» دەۋاتىدۇ؟».

خۇدانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى كۈتۈلمىگەن يەردىن چىققانىدى: – يەرەمىيانىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ تەس، تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ ۋە ھەتتا ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردىن خەتەرگە ئۇچرايدىغىنى بولىدۇ: –

«سەن يۈگۈرگەن لەشكەرلەر بىلەن بەسلەشكەندە، ئۇلار سېنى ھالسىراتقان بولسا، ئەمدى سەن ئاتلار بىلەن بەسلەشسەڭ قانداق بولار؟ سەن پەقەت ئامان-تىنچلىقتا تۇرغان زېمىندىلا خاتىرجەم بولۇپ ماڭا ئىشىنىسەن، ئەمدى ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى قويۇق چاتقاللىقلاردا قانداق يۈرىسەن؟ چۈنكى ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرىڭ، ئاتاڭنىڭ جەمەتىمۇ ساڭا ئاسىيلىق قىلغان. ئۇلارمۇ سېنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاۋازىنى قويۇپ بەرگەن. گەرچە ئۇلار ساڭا مېھرلىك سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئىشەنمە!» (5:12-6)
خۇدانىڭ جاۋابىنىڭ ئىككىنچى قىسمى بولسا يەرەمىياغا «سېنىڭ پاجىئەڭ ۋە دەردىڭ مېنىڭكىدەكتۇر» دېگەندەك ئىدى: –
«ئۆزۈم ئائىلەمدىن ۋاز كېچىمەن، مىراسىمنى تاشلىۋېتىمەن، جان-جىگىرىمنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن» (7:12). يەرەمىيا ئۆز ئائىلىسىنىڭ ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ چەتكە قېقىشلىرىدىن بولغان دەردلىرىنى، ئۇنى خۇدا بىلەن دەرداش قىلغان دەپ بىلىپ يەتتى؛ باشقىچە ئېيتقاندا، خۇدا ئۇنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى چۈشەندى، چۈنكى ئۇ ئۆزى دەرد-ئەلەم تارتقۇچى ئىدى.
بىلىشىمىزچە، گەرچە ئۇ يەنە بەزى ۋاقىتلاردا دەرد-ئەلەملىرىنى خۇداغا تۆككەن بولسىمۇ، ۋە گەرچە ئۇ تېخىمۇ قىيىن، زىيادە ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشىدىغان

بولىسمۇ، ئۇ يەنىلا ھېچ كەينىگە قارىمىغان. ئۇ ۋەھىيدىن يورۇتۇلغان كۆزلىرى بىلەن خۇدانىڭ نىجاتىنىڭ يەر يۈزىدە بولىدىغان ئاخىرقى غەلىبىسىنى كۆرگەندى؛ بۇ غەلىبە پەقەت ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن ئەمەس، بەلكى بارلىق مىللەتلەر ئۈچۈن —

«ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنىڭ كۈچۈم ۋە قورغىنىمسەن، ئازاب-ئوقۇبەت كۈنىدە باشپاناھىمسەن. ئەللەر بولسا يەر يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىدىن يېنىڭغا كېلىدۇ ۋە: «بەرھەق، ئاتا-بوۋىلىرىمىز يالغانچىلىق ھەم بىمەنىلىككە مىراسخورلۇق قىلغان؛ بۇ نەرسىلەردە ھېچ پايدا يوقتۇر» – دەيدۇ» (19:16).

كېيىن ئۇ خۇدانىڭ يولىنى يۈرتداشلىرىغا كۆرستىش ئۈچۈن ئۆز ھاياتى ۋە ئەركىنلىكىنى تەۋەككۇل قىلىدۇ؛ ئۇ خۇدا جازانى چۈشۈرمەكچى بولغان زېمىندىن بىر مىراسنى سېتىۋالدى. ئۇ راھەت-پاراغەتتە ئەمەس، بەلكى شۇ مىراستا، نامرات خەلقى ئارىسىدا تۇرۇشنى تاللىدى. بۇنىڭدا ئۇ بىزگە پەيغەمبەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ پەقەت خۇدانىڭ مۇھەببىتى ۋە ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەرنى يەتكۈزۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆز ھاياتىدا ئۇلارنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ.

«ئى قېرىنداشلار، ئۆزۈڭلار سوراقتا تارتىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن بىر-بىرىڭلاردىن ئاغرىنماڭلار؛ مانا، سوراق قىلغۇچى ئىشىك ئالدىدا تۇرىدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا سۆزلىگەن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ قانداق ئازاب-ئوقۇبەت تارتقانلىقى، شۇنداقلا سەۋر-تاقەت قىلغانلىقىنى ئۈلگە قىلىڭلار. بىز مانا مۇشۇنداق سەۋر-تاقەت بىلەن بەرداشلىق بەرگەنلەرنى بەختلىك دەپ ھېسابلايمىز. ئايۇپنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتكە قانداق سەۋر-تاقەت بىلەن بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانسىلەر ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا ئاخىرقى قىلغىنىنى، شۇنداقلا «پەرۋەردىگارنىڭ ئىچ-باغرى شەپقەت ۋە رەھىمدىللىق بىلەن تولغان»لىقىنى كۆرگەنسىلەر...» (ئىنجىل، «ياق.» 5:9-11)

## تەۋرات 25-قىسىم

# «يىغا-زارلار»

### (يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ يىغا-زارلىرى)
### (ياكى «مەرسىيەلەر»)

## كىرىش سۆز

يەرەمىيا پەيغەمبەر يازغان تەۋراتتىكى «يىغا-زارلار» قىسمىنى ئۆزۈن تونۇشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىنىقكى، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ چوڭ كىتابى («يەرەمىيا») نى تولۇقلايدىغان قوشۇمچىدۇر. مەزكۇر كىتابنىڭ «ئارقا كۆرۈنۈش»نى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاۋۋال «يەرەمىيا» دېگەن قىسمىنى ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنغان «كىرىش سۆز»، شۇنداقلا «قوشۇمچە سۆز»نى ئوقۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇ «يىغا-زارلار» قىسمى توغرۇلۇق شۇنى دېيىش زۆرۈركى، كىتابتا قەيت قىلىنغىنى پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭ جان-جىگەر قېرىنداشلىرى بولغان خەلقىنىڭ خۇداغا قىلغان ئاسىيلىقلىرى ھەمدە ئاقىۋەتتە تارتقان جازالىرىغا قاراپ، خۇداغا ئۆز دەرد-ئەلەملىرىنى تۆككەنلىرىدىن ئىبارەتتۇر. كىتابتا، بابىل ئىمپېرىيەسى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 588-586-يىلى) پەلەستىنگە ئاخىرقى قېتىم تاجاۋۇز قىلغان چاغدىكى دەھشەتلىك ئىزىلىشلەر، ئازاب-ئوقۇبەتلەر، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يېرۇسالېمنى 18 ئاي قورشاۋغا ئالغانلىقى ئالاھىدە بايان قىلىنىدۇ.

بىز «يەرەمىيا»غا قوشۇمچە قىلىنغان «كىرىش سۆز»دىن يەنە سۆز ئالساق: — «يەرەمىيا ھەرگىز «مەن ياخشى، باشقىلار يامان» ياكى «ئۆزۈم بەگ، ئۆزۈم چوڭ» دەيدىغان، باشقىلارنى تەنقىد قىلىشقا ئامراق كىشى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز ئېلى تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن، دائىم ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ

خۇدانىڭ ئۇلارغا رەھىمدىللىق كۆرسىتىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى تىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ خۇداغا: «مەن ئۇچۇن قىساس ئالغايسەن» دەپ دۇئا قىلغىنىنى بىلەن، «يىغا-زارلار» دېگەن كىتابدىن، ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ھالى توغرۇلۇق چەككەن قايغۇ-ھەسرەتلىرى ۋە ئۇلارغا باغلىغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى كۆرەلەيمىز».

بىز مۇنداق ئاددىي سۆز بىلەن «يەرەمىيا» ھەم ئۇنىڭ «يىغا-زار»لىرىنى تەسۋىرلىيەلەيمىز: «يەرەمىيا»دا خاتىرىلەنگىنى خۇدانىڭ يەرەمىياغا (ئىسرائىل ۋە يەھۇدا ئۇچۇن) ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ خاتىرىسى، «يىغا-زارلار»دا خاتىرىلەنگىنى بولسا يەرەمىيانىڭ خۇداغا (ئىسرائىل ۋە يەھۇدا ئۇچۇن) ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ خاتىرىسىدۇر؛ «يىغا-زارلار» — يەرەمىيانىڭ خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ھەمدە خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە بولغان ئىنكاسى، چوڭ بىر «مەرسىيە»سىدۇر.

يەرەمىيا دەرد-ئەلەم ۋە داد-پەريادلىرىنى بىزگە شېئىر شەكلىدە قالدۇرغان. كىتاب بەش مۇناجات (ھەربىر مۇناجات بىر باب)تىن تەركىب تاپىدۇ. ئاۋۋالقى تۆت باب بولسا «ئېلىپبەلىك شېئىر» شەكلىدىدۇر. ئىبرانىي يېزىقىدا 22 ھەرپ بار. «ئېلىپبەلىك شېئىر» بولسا، تاق ئايەتلىرىنىڭ ھەربىرى ئىبرانىي ئېلىپبە تەرتىپىگە ئاساسەن يېڭى ھەرپ بىلەن باشلىنىدۇ (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، ئا-، ئە-، ب- قاتارلىق ھەرپلەر بىلەن باشلانغانغا ئوخشاش).

ئۈچىنچى باب ئۈچ ئايەتتىن تەركىب تاپقان 22 بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا 66 ئايەت بار؛ بۆلەكلەر «ئېلىپبە تەرتىپى» بويىچە يېزىلىدۇ، ھەربىر بۆلەكتىكى ئۈچ ئايەت ئوخشاش ھەرپ بىلەن باشلىنىدۇ.

كىتابنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى: — 2-، 3- ھەم 4-بابلاردا، «ئېلىپبە تەرتىپى»دە ئىككى ھەرپ، يەنى «پې» (16-ھەرپ) ۋە «ئايىن» (17-ھەرپ) ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئىككى ھەرپنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبى بۈگۈنكى كۈنگىچە چوڭ بىر سىردۇر.

كىتابنىڭ بەشىنچى بابى «ئېلىپبەلىك شېئىر» شەكلىدە يېزىلغان ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ 22 ئايەت بار.

دېگىنىمىزدەك، كىتابتا باشتىن-ئاياغ سۆزلىگۈچى يەرەمىيادۇر. ئۇ بەزىدە «زىئون» ياكى يېرۇسالېمغا، بەزىدە ئىسرائىلغا ۋەكىل بولۇپ سۆزلەيدۇ.

## مەزمۇن: —

1-باب، 1-22    1-مۇناجات («ئېلىپبەلىك شېئىر») يېرۇسالېمنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى
2-باب، 1-22    2-مۇناجات («ئېلىپبەلىك شېئىر») يېرۇسالېمنىڭ جازالىنىشى
3-باب، 1-66    3-مۇناجات («ئېلىپبەلىك شېئىر») جازا ۋە ئۈمىد
4-باب، 1-22    4-مۇناجات («ئېلىپبەلىك شېئىر») «خارابلىق ئىچىدە تۇرغان يېرۇسالېم»
5-باب، 1-22    5-مۇناجات («ئېلىپبەلىك شېئىر» ئەمەس) رەھىم تىلەش دۇئاسى

# يەرەمىيانىڭ يىغا-زارلىرى

## «يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ يىغا-زارلىرى»

## 1-مۇناجات - يېرۇسالېمنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى

1 [1] |א| (ئالەف) ئاھ!
ئىلگىرى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان شەھەر،
ھازىر شۇنچە يېگانە ئولتۇرىدۇ!
ئەللەر ئارىسىدا كاتتا بولغۇچى،
ھازىر تۇل خوتۇندەك بولدى!
ئۆلكىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرگەن مەلىكە،
ھاشارغا تۇتۇلدى!
[2] |ב| (بەت) ئۇ كېچىچە ئاچچىق يىغا كۆتۈرمەكتە؛
مەڭزىدە كۆز ياشلىرى تاراملىماقتا؛
ئاشنىلىرى ئارىسىدىن،
ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ھېچبىرى يوقتۇر؛
بارلىق دوستلىرى ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلدى،
ئۇلار ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ كەتتى.
[3] |ג| (گىمەل) يەھۇدا جەبىر-جاپا ھەم ئېغىر قۇللۇق ئاستىدا،
سۈرگۈنلۈككە چىقتى؛

---

1:1 «**ئاھ! ئىلگىرى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان شەھەر، ھازىر شۇنچە يېگانە ئولتۇرىدۇ!...**» ــ ئىزاھات: بىرىنچى بابتا يەرەمىيا يېرۇسالېمنى مۇسىبەتتە بولغان ئايال ياكى قىز سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭ دەردىدە قايغۇرىدۇ. قارىشىمىزچە، مۇشۇ بابتىكى «ئۇ» يېرۇسالېم (زىئون)نى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا «ئۇ» مۇسىبەتلىك ئايال ياكى قىز سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. بىرىنچى بابتا «مەن» ــ پەيغەمبەر ئۆزىنى يېرۇسالېمنىڭ ئورنىغا قويۇپ، مۇسىبەتلىك ئايال ياكى قىز سۈپىتىدە يېرۇسالېمنىڭ ئورنىدا قايغۇرىدۇ («مەن» ياكى «ئۇ» ئايالچە رودتا ئىپادىلەنگەن.
2:1 «**ئاشنىلىرى**» ... «**دوستلىرى**»... ــ يېرۇسالېمغا ئىتتىپاقداش بولايلى دېگەن يات ئەللەرنى ياكى يېرۇسالېمدىكىلەر تايانغان بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.
**2:1** زەب. 6:6-7

ئۇ ئەللەر ئارىسىدا مۇساپىر بولدى،
ھېچ ئارام تاپمايدۇ؛
ئۇنى قوغلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى،
ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى تار يولدا قىستايدۇ؛
4 |ד| (دالەت) ھېچكىم ھېيتلارغا كەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن،
زىئونغا بارىدىغان يوللار ماتەم تۇتماقتا.
بارلىق قوۋۇقلىرى چۆلدەرەپ قالدى،
كاھىنلىرى ئاھ-زار كۆتۈرمەكتە،
قىزلىرى دەرد-ئەلەم ئىچىدىدۇر؛
ئۆزى بولسا،
قاتتىق ئازابلانماقتا.
5 |ה| (خې) كۈشەندىلىرى ئۇنىڭغا خوجايىن بولدى،
دۈشمەنلىرى روناق تاپماقتا؛
چۈنكى ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئاسىيلىقلىرى تۈپەيلىدىن،
پەرۋەردىگار ئۇنى جەبىر-جاپاغا قويدى.
ئۇنىڭ بالىلىرى كەلمەسكە كەتتى،
كۈشەندىسىگە ئەسىر بولۇپ سۈرگۈن بولدى.
6 |ו| (ۋاۋ) بارلىق ھۆرمەت-شۆھرىتى زىئوننىڭ قىزىدىن كەتتى؛
ئەمىرلىرى يايلاقنى تاپالمىغان كېيىكلەردەك بولدى؛
ئۇلارنىڭ ئوۋچىدىن ئۆزىنى قاچۇرغۇدەك ھېچ دەرمانى قالمىدى.
7 |ז| (زائىن) خارلانغان، سەرگەردان بولغان كۈنلىرىدە،
خەلقى كۈشەندىسىنىڭ قولىغا چۈشكەن،
ھېچكىم ياردەم قولىنى سوزمىغان چاغدا،

3:1 «يەھۇدا جەبىر-جاپا ھەم ئېغىر قۇللۇق ئاستىدا...» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «يەھۇدا جەبىر-جاپا ھەم ئېغىر قۇللۇقتىن كېيىن، ...».

5:1 «دۈشمەنلىرى روناق تاپماقتا» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «دۈشمەنلىرى ئۇنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى».

6:1 «بارلىق ھۆرمەت-شۆھرىتى زىئوننىڭ قىزىدىن كەتتى» ــ ياكى «بارلىق ھۆرمەت-شۆھرىتى زىئوننىڭ قىزىدىن ئېلىپ كېتىلدى».

يېرۇسالېم قەدىمدە ئۆزىگە تەۋە بولغانلىرىنى،
قىممەتلىك بايلىقلىرىنى يادىغا كەلتۈرمەكتە؛
كۈشەندىلىرى ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك قارايتتى؛
كۈشەندىلىرى ئۇنىڭ نابۇت بولغانلىقىنى مەسخىرە قىلىشتى.
8 |ח| (خەت) يېرۇسالېم ئەشەددىي ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھارام بولدى؛
ئۇنىڭ يالىڭاچلىقىنى كۆرگەچكە،
ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر ھازىر ئۇنى كەمسىتىدۇ؛
ئۇياتتا، ئۇھ تارتقىنىچە ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى.
9 |ט| (تەت) ئۇنىڭ ئۆز ھەيزلىرى ئېتەكلىرىنى بۇلغىۋەتتى؛
ئۇ ئاقىۋىتىنى ھېچ ئويلىمىغاندۇر؛
ئۇنىڭ يىقىلىشى ئاجايىب بولدى؛
ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈچى يوقتۇر؛
«ئاھ پەرۋەردىگار، خارلانغىنىمغا قارا!
چۈنكى دۈشمەن ھالىمدىن ماختىنىپ كەتتى!»
10 |י| (يود) كۈشەندىسى قولىنى ئۇنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى ئۈستىگە سوزدى؛
ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جايىغا ئەللەرنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكىنى كۆردى؛
سەن ئەسلى ئۇلارنى ئىبادەت جامائىتىڭگە «كىرىشكە بولمايدۇ» دەپ مەنئى قىلغانىدۇ!
11 |כ| (كاف) بىر چىشلەم نان ئىزدەپ،
ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ھەممىسى ئۇھ تارتماقتا؛

7:1 **«ھېچكىم ياردەم قولىنى سوزمىغان چاغ»** ــ يەھۇدا ھەردائىم باشقا ئەللەر بىلەن ئىتتىپاقداش بولماقچى بولۇپ كەلگەن ــ لېكىن ھالقىلىق پەيتتە «ئىتتىپاقداشلىرى» ئۇنىڭغا ھېچ ياردەم قىلمىغان.

8:1 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھارام بولدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «شۇڭا ئۇ مازاقنىڭ ئوبيېكتى بولدى».

**8:1** يەش. 3:47

**9:1** قان. 29:32

جېنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا،
ئۇلار قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئاشلىققا تېگىشتى.
«ئاھ پەرۋەردىگار، قارا!
مەن ئەرزىمەس سانالدىم.
12 |ל| (لامەد) ئەي ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار،
بۇ سىلەر ئۈچۈن ھېچ ئىش ئەمەسمۇ؟
قاراپ باق، مېنىڭ دەرد-ئەلىمىمدەك باشقا دەرد-ئەلەم بارمىدۇ؟
پەرۋەردىگار ئوتلۇق غەزىپىنى چۈشۈرگەن كۈندە،
ئۇنى مېنىڭ ئۈستۈمگە يۈكلىدى.
13 |מ| (مەم) ئۇ يۇقىرىدىن ئوت ياغدۇردى، ئوت سۆڭەكلىرىمدىن ئۆتۈپ كۆيدۈردى.
ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.
ئۇ پۇتلىرىم ئۈچۈن تور-تۇزاقنى قويۇپ قويدى،
مېنى كەينىمگە ياندۇردى،
ئۇ مېنى نابۇت قىلدى،
كۈن بويى ئۇ مېنى زەئىپلەشتۈردى.
14 |נ| (نۇن) ئاسىيلىقلىرىم بويۇنتۇرۇق بولۇپ بوينۇمغا باغلاندى؛
قوللىرى تانىنى چىڭ چىگىپ چەمبەرچاس قىلىۋەتتى؛
ئاسىيلىقلىرىم بوينۇمغا ئارتىلدى؛
ئۇ دەرمانىمنى مەندىن كەتكۈزدى؛
رەب مېنى مەن قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغانلارنىڭ قوللىرىغا تاپشۇردى.
15 |ס| (سامەق) رەب بارلىق باتۇرلىرىمنى ئوتتۇرۇمدىلا يەرگە ئۇرۇۋەتتى؛
ئۇ مېنىڭ خىل يىگىتلىرىمنى ئېزىشكە،
ئۈستۈمدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا كېڭەش چاقىردى.
رەب گويا ئۈزۈم كۆلچىكىدىكى ئۈزۈملەرنى چەيلىگەندەك،

---

**11:1** يەر. 6:52

**12:1** ئايۇپ 21:19؛ زەب. 69:19-20؛ مات. 26:38-40

يەھۇدانىڭ پاك قىزىنى چەيلىۋەتتى.
16 |ע| (ئايىن) مۇشۇلار تۈپەيلىدىن تاراملاپ يىغلىماقتىمەن؛
مېنىڭ كۆزلىرىم، مېنىڭ كۆزلىرىمدىن سۇ ئېقىۋاتىدۇ؛
ماڭا تەسەللى بەرگۈچى، جېنىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى مەندىن
يىراقتۇر؛
باللىرىمنىڭ كۆڭلى سۇنۇقتۇر،
چۈنكى دۈشمەن غەلىبە قىلدى.
17 |פ| (پې) زىئون قولىنى سوزماقتا،
لېكىن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈچى يوق؛
پەرۋەردىگار ياقۇپ توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى —
قوشنىلىرى ئۇنىڭ كۈشەندىلىرى بولسۇن!
يېرۇسالېم ئۇلار ئارىسىدا نىجىس نەرسە دەپ قارالدى.

## يېرۇسالېم سۆزلەيدۇ

18 |צ| (تسادە) پەرۋەردىگار ھەققانىيدۇر؛
چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدىم!
ئەي، بارلىق خەلقلەر، ئاڭلاڭلار!
دەردلىرىمگە قاراڭلار!
پاك قىزلىرىم، ياش يىگىتلىرىم سۈرگۈن بولدى!
19 |ק| (كوف) ئاشنىلىرىمنى چاقىردىم،
لېكىن ئۇلار مېنى ئالدىغاندى؛

15:1 **«رەب بارلىق باتۇرلىرىمنى ئوتتۇرۇمدىلا يەرگە ئۆرۈۋەتتى»** — «ئوتتۇرۇمدىلا» بولسا يېرۇسالېمنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

16:1 **«ماڭا تەسەللى بەرگۈچى، جېنىمغا مەدەت بەرگۈچى»** — خۇدا ئۆزىدۇر. **«باللىرىمنىڭ كۆڭلى سۇنۇقتۇر»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، سۆزلىگۈچى ھازىر يېرۇسالېم، شۇڭا «مېنىڭ باللىرىم» ئۆزىدە تۇرۇۋاتقانلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**16:1** يەر. 17:13

17:1 **«قوشنىلىرى ئۇنىڭ كۈشەندىلىرى بولسۇن!»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ كۈشەندىلىرى ئەتراپىغا ئولاشسۇن!».

جان ساقلىغۇدەك ئوزۇق-تۈلۈك ئىزدەپ يۈرۈپ،
كاھىنلىرىم ھەم ئاقساقاللىرىم شەھەردە نەپەستىن قالدى.
20 |ר| (رەش) قارا، ئى پەرۋەردىگار، چۈنكى ئازار چېكىۋاتىمەن!
ھەددىدىن زىيادە ئاسىيلىق قىلغىنىم تۈپەيلىدىن،
ئىچ-باغرىم قىينىلىۋاتىدۇ،
يۈرىكىم ئۆرتىلىپ كەتتى.
سىرتتا قىلىچ ئانىسىنى بالىسىدىن جۇدا قىلدى،
ئۆيلىرىمدە بولسا ئۆلۈم-ۋابا ھۆكۈم سۈرمەكتە!
21 |ש| (شىين) خەقلەر ئاھ-زارلىرىمنى ئاڭلىدى؛
لېكىن تەسەللى بەرگۈچىم يوقتۇر؛
دۈشمەنلىرىمنىڭ ھەممىسى كۈلپىتىمدىن خەۋەردار بولۇپ،
بۇ قىلغىنىڭدىن خۇشال بولدى؛
سەن جاكارلىغان كۈننى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرگەيسەن،
شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھالى مېنىڭكىدەك بولىدۇ.
22 |ת| (تاۋ) ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىللىكىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگەيسەن،
بارلىق ئاسىيلىقلىرىم ئۈچۈن مېنى قانداق قىلغان بولساڭ،
ئۇلارغىمۇ شۇنداق قىلغايسەن؛
چۈنكى ئاھ-زارلىرىم نۇرغۇندۇر،
قەلبىم ئازابتىن زەئىپلىشىپ كەتتى!

---

**19:1** يەر. 14:30

20:1 **«ئۆيلىرىمدە بولسا ئۆلۈم-ۋابا ھۆكۈم سۈرمەكتە»** — ئىبرانىي تىلدا «ئىچىدە بولسا ئۆلۈم-ۋابا ھۆكۈم سۈرمەكتە».

**20:1** يەش. 11:16؛ يەر. 36:48

21:1 **«سەن جاكارلىغان كۈن...»** — خۇدا يەرەمىياغا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىسرائىلنى جازالايدىغان بىر كۈننى ھەم يات ئەللەرنى جازالايدىغان بىر كۈننى ۋەھيي قىلغانىدى.

## 2-مۇناجات - يېرۇسالېمنىڭ جازالىنىشى

2 1 |א| (ئالەف) رەب غەزەپ بۇلۇتى بىلەن زىئون قىزىنى شۇنداق
قاپلىدى!
ئۇ ئىسرائىلنىڭ شەرەپ-جۇلاسىنى ئاسماندىن يەرگە چۆرۈۋەتتى،
غەزىپى چۈشكەن كۈنىدە ئۆز تەختىپەرىنى ھېچ ئېسىدە قالدۇرمىدى.
2 |ב| (بەت) رەب ياقۇپنىڭ بارلىق تۇرالغۇلىرىنى يۇتۇۋەتتى، ھېچ
ئايىمىدى؛
ئۇ قەھرى بىلەن يەھۇدانىڭ قىزىنىڭ قەلئە-قورغانلىرىنىڭ
ھەممىسىنى غۇلاتتى؛
ئۇ پادىشاھلىقنى ئەمىرلىرى بىلەن نومۇسقا قويۇپ،
يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى.
3 |ג| (گىمەل) ئۇ قاتتىق غەزەپتە ئىسرائىلنىڭ ھەممە مۈڭگۈزلىرىنى
كېسىۋەتتى؛
دۈشمەننى توسۇغان ئوڭ قولىنى ئۇنىڭ ئالدىدىن تارتىۋالدى؛
لاۋۇلداپ كۆيگەن ئۆز ئەتراپىنى يەپ كەتكۈچى ئوتتەك،
ئۇ ياقۇپنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
4 |ד| (دالەت) دۈشمەندەك ئۇ ئوقياسىنى كەردى؛
ئۇنىڭ ئوڭ قولى ئېتىشقا تەييارلانغانىدى؛
كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى كۈشەندىسى

---

1:2 **«ئىسرائىلنىڭ شەرەپ-جۇلاسى» ... «خۇدانىڭ ئۆز تەختىپەرى»** — بۇلار خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىنى كۆزدە تۇتۇشى مۇمكىن.

2:2 **«ياقۇپنىڭ بارلىق تۇرالغۇلىرى»** — «ياقۇپ» مۇشۇ ئايەتلەردە ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنى، يەنى ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. **«يەھۇدانىڭ قىزىنىڭ قەلئە-قورغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى غۇلاتتى»** — «قەلئە-قورغانلىرى» بەلكىم يەھۇدانىڭ مۇستەھكەم شەھەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

3:2 **«ئۇ قاتتىق غەزەپتە ئىسرائىلنىڭ ھەممە مۈڭگۈزلىرىنى كېسىۋەتتى»** — تەۋراتتا، «مۈڭگۈز»لەر كۆپ ھاللاردا ئادەملەرنىڭ ئابرۇيى-شۆھرىتىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ يەردە ئىسرائىلنىڭ پەخرى بولغان ئابرۇيلۇق مۆتىۋەرلىرىنى ياكى باتۇر ئەزىمەتلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. مۈڭگۈزلەر ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆسكەن ئەمەس! **«ئۇ ياقۇپنى كۆيدۈرۈۋەتتى»** — مۇشۇ يەردە «ياقۇپ» ياقۇپنىڭ (ئىسرائىلنىڭ) زېمىنى ۋە شەھەر-يېزىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

كەبى قىردى؛
زىئون قىزىنىڭ چېدىرى ئىچىدە،
قەھرىنى ئوتتەك ياغدۇردى؛
5 |ה| (خې) رەب دۈشمەندەك بولدى؛
ئۇ ئىسرائىلنى يۇتۇۋالدى،
ئوردىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋالدى؛
ئۇنىڭ قەلئە-قورغانلىرىنى يوقاتتى،
يەھۇدانىڭ قىزىدا ماتەم ۋە يىغا-زارلارنى كۆپەيتتى.
6 |ו| (ۋاۋ) ئۇ ئۇنىڭ كەپىسىنى باغچىنى پاچاقلاتقاندەك پاچاقلاتتى؛
ئۇ ئىبادەت سورۇنلىرىنى يوقىتىۋەتتى؛
پەرۋەردىگار زىئوندا ھېيت-بايراملار ھەم شاباتلارنى خەلقىنىڭ ئېسىدىن چىقىرىۋەتتى؛
غەزەپ ئوتى بىلەن پادىشاھ ھەم كاھىنىنى چەتكە قېقىۋەتتى.
7 |ז| (زائىن) رەب قۇربانگاھىنى تاشلىۋەتتى،
مۇقەددەس جايىدىن ۋاز كەچتى؛
ئۇ زىئوندىكى ئوردىلارنىڭ سېپىللىرىنى دۈشمەننىڭ قولىغا تاپشۇردى؛
ھەتتا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە،
ئۇلار ھېيت-ئايەم كۈنىدىكىدەك تەنتەنە قىلىشتى!
8 |ח| (خەت) پەرۋەردىگار زىئون قىزىنىڭ سېپىلىنى چېقىۋېتىشنى قارار قىلغان؛

---

6:2 **«ئۇ ئۇنىڭ كەپىسىنى باغچىنى پاچاقلاتقاندەك پاچاقلاتتى»** — «ئۇنىڭ كەپىسى» مۇشۇ يەردە يەنە مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ؛ گەرچە ئىبادەتخانا غايەت زور ئىمارەت بولسىمۇ، ئىبادەتخانا خۇدا ئالدىدا پەقەت بىر «كەپە»، ۋاقىتلىق بىر نەرسە، خالاس. **«ئۇ ئىبادەت سورۇنلىرىنى يوقىتىۋەتتى»** — ياكى «ئۇ ئىبادەت سورۇنىنى يوقىتىۋەتتى». بۇ كېيىنكى تەرجىمە توغرا بولسا، ئۇمۇ ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ. **«پەرۋەردىگار زىئوندا ھېيت-بايراملار ھەم شاباتلارنى خەلقىنىڭ ئېسىدىن چىقىرىۋەتتى»** — «شاباتلار»، (يەنى «شابات كۈنلىرى») — «شابات» دەم ئېلىش كۈنى، خۇدا ئىسرائىلغا: سىلەرگە مۇقەددەس كۈن بولسۇن دەپ بېكىتكەن، شەنبە كۈنىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ئۇنىڭغا ھالاك ئۆلچەم تانىسىنى تارتىپ قويغان؛
ئۇ قولىنى چېقىشتىن ھېچ ئۈزمىدى؛
ئۇ ھەم ئىستىھكاملارنى ھەم سېپىلنى زارلاتتى؛
ئىككىسى تەڭ ھالسىراپ قايغۇرماقتا.
9 ט (تەت) ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى يەر تېگىگە غەرق بولۇپ كەتتى؛
ئۇ ئۇنىڭ تۆمۈر-تاقاقلىرىنى پارە-پارە قىلىۋەتتى.
پادىشاھى ھەم ئەمىرلىرى ئەللەر ئارىسىغا پالاندى؛
تەۋراتتىكى تەربىيە-يوليورۇق يوقاپ كەتتى،
پەيغەمبەرلىرى پەرۋەردىگاردىن ۋەھيى-كۆرۈنۈشلەرنى ئىزدەپ تاپالمايدۇ.
10 י (يود) زىئون قىزىنىڭ ئاقساقاللىرى،
يەردە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرماقتا؛
ئۇلار باشلىرىغا توپا-چاڭ چېچىشتى؛
ئۇلار بېلىگە بۆز يۆگىۋېلىشتى؛
يېرۇسالېمنىڭ پاك قىزلىرىنىڭ باشلىرى يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.
11 כ (كاف) مېنىڭ كۆزلىرىم تارامىلىغان ياشلىرىمدىن ھالىدىن كەتتى؛
ئىچى-باغرىلىرىم زەرداپقا تولدى؛
جىگىرىم يەر يۈزىگە تۆكۈلۈپ پارە-پارە بولدى،

8:2 **«پەرۋەردىگار ... ئۇنىڭغا ھالاك ئۆلچەم تانىسىنى تارتىپ قويغان»** ــ دېمەك، ھەممىگە قادىر خۇدا يېرۇسالېمنىڭ ھالاك بولۇشىنى ئالللىقاچان تەپسىلىي ئۆلچەپ قويغانىدى.
9:2 **«ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى يەر تېگىگە غەرق بولۇپ كەتتى»** ــ كونا زامانلاردا شەھەرنىڭ قوۋۇق-دەرۋازىلىرى مۆتىۋەرلەر سوراق قىلىش، نەسىھەت قىلىش، مەسلىھەت بېرىشكە ئولتۇرىدىغان جاي ئىدى (14:5نى كۆرۈڭ). **«تەۋراتتىكى تەربىيە-يوليورۇق»** ــ ياكى «تەۋرات». ئىبرانيي تىلىدا «تەۋرات» دېگەن سۆز «يوليورۇق»، «تەربىيە» دېگەن مەنىدە. **«پەيغەمبەرلىرى پەرۋەردىگاردىن ۋەھيى-كۆرۈنۈشلەرنى ئىزدەپ تاپالمايدۇ»** ــ «پەيغەمبەرلىرى» خۇدانىڭ پەيغەمبەرلىرى ئەمەس، بەلكى «يەھۇدانىڭ پەيغەمبەرلىرى». بۇ كىنايىلىك گەپ، ئۇ «ساختا پەيغەمبەرلەر»نى كۆرسىتىدۇ (14-ئايەت، «يەر.» 13:14-18نىمۇ كۆرۈڭ)؛ ئەزاكىيال پەيغەمبەر ۋە يەرەمىيا پەيغەمبەر ئالللىقاچان يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران قىلىنىشى توغرۇلۇق ئالدىنئالا تەپسىلىي بېشارەت بەرگەنىدى.

چۈنكى خەلقىمنىڭ قىزى نابۇت قىلىندى،
چۈنكى شەھەر كوچىلىرىدا نارسىدىلەر ھەم بوۋاقلار ھوشسىز ياتماقتا.

12 ל (لامەد) ئۇلار شەھەر كوچىلىرىدا يارىلانغانلاردەك ھالىدىن كەتكەندە،
ئانىلىرىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ جان تالاشقاندا،
ئانىلىرىغا: «يېمەك-ئىچمەك نەدە؟» دەپ يالۋۇرۇشماقتا.

13 מ (مەم) مەن دەردىڭگە گۇۋاھچى بولۇپ، سېنى نېمىگە ئوخشىتارمەن؟
سېنى نېمىگە سېلىشتۇرارمەن، ئى يېرۇسالېم قىزى؟
ساڭا تەسەللى بېرىشتە، نېمىنى ساڭا تەڭ قىلارمەن، ئى زىئوننىڭ پاك قىزى؟
چۈنكى سېنىڭ ياراڭ دېڭىزدەك چەكسىزدۇر؛
كىم سېنى ساقايتالىسۇن؟

14 נ (نۇن) پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ سەن ئۈچۈن كۆرگەنلىرى بىمەنىلىك ھەم ئەخمەقلىقتۇر؛
ئۇلار سېنىڭ قەبىھلىكىڭنى ھېچ ئاشكارە قىلمىدى،
شۇنداق قىلىپ ئۇلار سۈرگۈن بولۇشۇڭنىڭ ئالدىنى ئالمىدى.
ئەكسىچە ئۇلارنىڭ سەن ئۈچۈن كۆرگەنلىرى يالغان بېشارەتلەر ھەم ئېزىتقۇلۇقلاردۇر.

12:2 «**يېمەك-ئىچمەك نەدە؟**» — ئىبرانىي تىلىدا: «نان-شاراب نەدە؟». قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن بەلكىم پەقەت شارابلا قالدىمۇ، سۈ يوقمىدۇ؟

13:2 «**مەن دەردىڭگە گۇۋاھچى بولۇپ، سېنى نېمىگە ئوخشىتارمەن؟ سېنى نېمىگە سېلىشتۇرارمەن، ئى يېرۇسالېم قىزى؟ ساڭا تەسەللى بېرىشتە، نېمىنى ساڭا تەڭ قىلارمەن، ئى زىئوننىڭ پاك قىزى؟...**» — ئايەتتىكى بارلىق سۆزلەر بەلكىم زىئوننىڭ دەرد-ئەلىمىنى ئۆلچىگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن (ئاخىرىدا «ياراڭ» توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ).
«**... سېنىڭ ياراڭ دېڭىزدەك چەكسىزدۇر**» — ئىبرانىي تىلىدا «... سېنىڭ بۆسۈلگەن جايىڭ دېڭىزدەك چەكسىزدۇر».

14:2 «**سەن ئۈچۈن كۆرگەنلىرى يالغان بېشارەتلەر**» — «بېشارەتلەر» ئىبرانىي تىلىدا «يۈكلەر» ياكى «يۈكلىگەن بېشارەتلەر. ئادەتتە «يۈك» دېگەن سۆز بېشارەتنىڭ ئېغىرلىقىنى،

15 |ס| (سامەق) يېنىڭدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قاراپ چاۋاكلىشىدۇ؛
ئۇلار ئۇشقىرتىپ يېرۇسالېمنىڭ قىزىغا باش چايقاشماقتا: ــ
«گۈزەللىكنىڭ جەۋھىرى، پۈتكۈل جاھاننىڭ خۇرسەنلىكى» دەپ ئاتالغان شەھەر مۇشۇمىدۇ؟»
16 |פ| (پې) بارلىق دۈشمەنلىرىڭ ساڭا قاراپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ مازاق قىلماقتا،
ئۇش-ئۇش قىلىشىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتماقتا؛
ئۇلار: «بىز ئۇنى يۇتۇۋالدۇق!
بۇ بەرھەق بىز كۈتكەن كۈندۇر!
بىز بۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق!» ــ دېمەكتە.
17 |ע| (ئايىن) پەرۋەردىگار ئۆز نىيەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇردى؛
قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ بېكىتكەن سۆزىگە ئەمەل قىلدى؛
ئۇ ھېچ رەھىم قىلماي غۇلاتتى؛
ئۇ دۈشمەنni ئۈستۈڭدىن شادلاندۇردى؛
كۈشەندىلىرىڭنىڭ مۈڭگۈزىنى يۇقىرى كۆتۈردى.
18 |צ| (تسادە) ئۇلارنىڭ كۆڭلى رەبگە نىدا قىلماقتا!
ئى زىئون قىزىنىڭ سېپىلى!

ۋەزىننى، مۇھىم سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە «يۇك»، شۈبھىسىزكى، ھەجۋىي گەپ بولۇپ، مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ «بېشارەتلىرى» كىشىلەرگە ھېچ ئىلھام ياكى مەدەت بەرمەي، ئەكسىچە، ئەمەلىيەتتە، ئادەملەرگە «ئېغىر يۈك» ئارتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
—«ئېزىتقۇلۇق»نىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «چىقىرىشقا (يەنى، سۈرگۈن بولۇشقا) سەۋەبچى» دېگەن بولىدۇ.
15:2 **«يېنىڭدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قاراپ چاۋاكلىشىدۇ»** ــ بۇ «چاۋاكلىشىش» مەسخىرە قىلىشنى بىلدۈرسە كېرەك. يەرۇسالېمنى كۆرستىغان «گۈزەللىكنىڭ جەۋھىرى» «پۈتكۈل جاھاننىڭ خۇرسەنلىكى» دېگەن ئىبارىلەر «زەب.» 2:50 ۋە 2:48دىن ئېلىنغان.
17:2 **«قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ بېكىتكەن سۆزىگە ئەمەل قىلدى...»** ــ پەرۋەردىگار ئۆزۈندىن بۇيان (مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدىن تارتىپ) ئىسرائىلغا بۇتپەرەسلىك ۋە ئىتائەتسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنىدى.

ياشلىرىڭ دەريادەك كېچە-كۈندۈز ئاقسۇن!
ئۆزۈڭگە ئارام بەرمە؛
ياش تامچىلىرىڭ تاراملاشتىن ئارام ئالمىسۇن!
19 |ק| (كوف) تۈن كېچىدە ئورنۇڭدىن تۇر،
كەچتە جېسەك باشلىنىشى بىلەن نىدا قىل!
كۆڭلۈڭنى رەببىنىڭ ئالدىغا سۇدەك تۆك؛
نارسىدىلىرىڭنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قوللىرىڭنى كۆتۈر!
ئۇلار بارلىق كوچىلىرىڭ دوقمۇشىدا قەھەتچىلىكتىن ھالىدىن كەتمەكتە.
20 |ר| (رەش) قارا، ئى پەرۋەردىگار، ئويلاپ باققايسەن،
سەن كىمگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىپ باققان؟!
ئاياللار ئۆز مېۋىلىرى ـ ئەركە بوۋاقلىرىنى يېيىشكە بولامدۇ؟
كاھىن ھەم پەيغەمبەرنى رەببىنىڭ مۇقەددەس جايىدا ئۆلتۈرۈشكە بولامدۇ؟!
21 |ש| (شىين) ياشلار ھەم قېرىلار كوچىلاردا يېتىشماقتا؛
پاك قىزلىرىم ۋە ياش يىگىتلىرىم قىلىچلىنىپ يىقىلدى؛
ئۇلارنى غەزىپىڭ چۈشكەن كۈنىدە قىردىڭسەن؛
ئۇلارنى ھېچ ئايىماي سويدۇڭسەن.
22 |ת| (تاۋ) سەن ھېيت-بايرام كۈنىدە جامائەتنى چاقىرغاندەك،
مېنى تەرەپ-تەرەپلەردىن بېسىشقا ۋەھىمىلەرنى چاقىردىڭ؛
پەرۋەردىگارنىڭ غەزەپ كۈنىدە قاچقانلار ياكى تىرىك قالغانلار يوق ئىدى؛
ئۆزۈم ئەركىلىتىپ چوڭ قىلغانلارنى دۈشمىنىم يەپ كەتتى.

---

**18:2** يەر. 17:14؛ يىغ. 16:1
**20:2** يىغ. 10:4
22:2 «مېنى تەرەپ-تەرەپلەردىن بېسىشقا ۋەھىمىلەرنى چاقىردىڭ» ــ «يەر.» 3:20 ۋە 10نى كۆرۈڭ.

## 3-مۇناجات ـ جازا ۋە ئۈمىد
## ئازاب تارتقۇچى دەرد-ئەلەم تۆكىدۇ

3 1 |א| (ئالەف) مەن ئۇنىڭ غەزەپ تايىقىنى يەپ جەبىر-زۇلۇم كۆرگەن ئادەمدۇرمەن.
2 مېنى ئۇ ھەيدىۋەتتى،
نۇرغا ئەمەس، بەلكى قاراڭغۇلۇققا ماڭدۇردى؛
3 بەرھەق، ئۇ كۈن بويى قولىنى ماڭا قايتا-قايتا ھۇجۇم قىلدۇردى؛
4 |ב| (بەت) ئەتلىرىمنى ۋە تېرىلىرىمنى قاقشال قىلىۋەتتى،
سۆڭەكلىرىمنى سۇندۇرۇۋەتتى.
5 ئۇ ماڭا مۇھاسىرە قۇردى،
ئۆت سۈيى ۋە جاپا بىلەن مېنى قاپسىۋالدى.
6 ئۇ مېنى ئۆلگىلى ئۇزۇن بولغانلاردەك قاپقاراڭغۇ جايلاردا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.
7 |ג| (گىمەل) ئۇ مېنى چىقالمايدىغان قىلىپ چىتلاپ قورشىۋالدى؛
زەنجىرىمنى ئېغىر قىلدى.
8 مەن ۋارقىراپ نىدا قىلساممۇ،
ئۇ دۇئايىمنى ھېچ ئىشتمىدى.
9 ئۇ يوللىرىمنى جىپسىلاشقان تاش تام بىلەن توسىۋالدى،
چىغىر يوللىرىمنى ئەگرى-توقاي قىلىۋەتتى.
10 |ד| (دالەت) ئۇ ماڭا پايلاپ ياتقان ئېيىقتەك،
پىستىرمىدا ياتقان شىردەكتۇر.
11 مېنى يوللىرىمدىن بۇراپ تىتما-تىتما قىلدى؛
مېنى تۇگەشتۇردى.

---

1:3 «مەن ئۇنىڭ غەزەپ تايىقىنى يەپ جەبىر-زۇلۇم كۆرگەن ئادەمدۇرمەن...» ــ 3-بابتا (1-66) سۆزلىگۈچى بەلكىم يەرەمىيانىڭ ئۆزى؛ ئۇ بەزى يەرلەردە (1) «يېرۇسالېمغا ۋەكىل بولۇپ» سۆزلەيدۇ؛ (2) (بىزنىڭچە) يەنە بەزى يەرلەردە مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ ئارقىلىق مەسىھنىڭ گۇناھسىز ئۇچۇن تارتىدىغان قۇربانلىق ئازابلىرىنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ. **«مەن ئۇنىڭ غەزەپ تايىقىنى يەپ جەبىر-زۇلۇم كۆرگەن ئادەمدۇرمەن»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئادەم» دېگەن سۆز، ئادەتتە «ئەركەك»، «ئوغۇل بالا»، باتۇر-پالۋاننى كۆرسىتىدۇ.

12 ئۇ ئوقياسىنى كېرىپ،
مېنى ئوقىنىڭ قارىسى قىلدى.
13 |ה| (خې) ئوقدېنىدىكى ئوقلارنى بۆرەكلىرىمگە سانجىتقۇزدى.
14 مەن ئۆز خەلقىمگە رەسۋا ئوبيېكتى،
كۈن بويى ئۇلارنىڭ مەسخىرە ناخشىسىنىڭ نىشانى بولدۇم.
15 ئۇ ماڭا زەردابنى تويغۇچە يۇتقۇزۇپ،
كەكرە سۈيىنى تويغۇچە ئىچكۈزدى.
16 |ו| (ۋاۋ) ئۇ چىشلىرىمنى شېغىل تاشلار بىلەن چېقىۋەتتى،
مېنى كۈللەردە تۇگۈلدۈردى؛
17 جېنىم تىنچ-خاتىرجەملىكتىن يىراقلاشتۇرۇلدى؛
ئارامبەخشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتتىم.
18 مەن: «دەرمانىم قالمىدى، پەرۋەردىگاردىن ئۈمىدىم قالمىدى» ــ دېدىم.
19 |ז| (زائىن) مېنىڭ خار قىلىنغانلىرىمنى، سەرگەردان بولغانلىرىمنى،
ئەمەن ۋە ئۆت سۈيىنى يەپ-ئىچكىنىمنى ئېسىڭگە كەلتۈرگەيسەن!
20 جېنىم بۇلارنى ھەردائىم ئەسلەۋاتىدۇ،
يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولماقتا.
21 لېكىن شۇنى كۆڭلۈمگە كەلتۈرۈپ ئەسلەيمەنكى،
شۇنىڭ بىلەن ئۈمىد قايتىدىن ياندۇ، ــ
22 |ח| (خەت) مانا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىقلىرى!

13:3 «ئوقدېنىدىكى ئوقلارنى بۆرەكلىرىمگە سانجىتقۇزدى» ــ ئىبرانىيلار بۆرەكنى ۋىجدان ياكى ھېسسىياتنىڭ مەنبەسى دەپ قارايتتى.
17:3 «جېنىم تىنچ-خاتىرجەملىكتىن يىراقلاشتۇرۇلدى» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «جېنىمنى تىنچ-خاتىرجەملىكتىن يىراقلاشتۇردۇڭسەن».
19:3 «مېنىڭ خار قىلىنغانلىرىمنى، سەرگەردان بولغانلىرىمنى، ئەمەن ۋە ئۆت سۈيىنى يەپ-ئىچكىنىمنى ئېسىڭگە كەلتۈرگەيسەن!» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مېنىڭ خار قىلىنغانلىرىم، مېنىڭ سەرگەردان بولغانلىرىمنى ئەسلىسەم، ئەمەن يېگەندەك ۋە ئۆت سۈيىنى ئىچىۋالغاندەك بولىمەن».
21:3 زەب. 17:73

شۇڭا بىز تۈگەشمىدۇق؛
چۈنكى ئۇنىڭ رەھىمدىللىقلىرىنىڭ ئايىغى يوقتۇر؛
23 ئۇلار ھەر سەھەردە يېڭىلىنىدۇ؛
سېنىڭ ھەقىقەت-سادىقلىقىڭ تولىمۇ مولدۇر!
24 ئۆز-ئۆزۈمگە: «پەرۋەردىگار مېنىڭ نېسىۋەمدۇر؛
شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلايمەن» ــ دەيمەن.
25 |ט| (تەت) پەرۋەردىگار ئۆزىنى كۈتكەنلەرگە،
ئۆزىنى ئىزدىگەن جان ئىگىسىگە مېھرىباندۇر؛
26 پەرۋەردىگارنىڭ نىجاتىنى كۈتۈش،
ئۇنى سۈكۈت ئىچىدە كۈتۈش ياخشىدۇر.
27 ئادەمنىڭ ياش ۋاقتىدا بويۇنتۇرۇقنى كۆتۈرۈشى ياخشىدۇر.
28 |י| (يود) ئۇ يېگانە بولۇپ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرسۇن؛
چۈنكى رەب بۇنى ئۇنىڭغا يۈكلىدى.
29 يۈزىنى توپا-تۇپراققا تەگكۈزسۇن،
ئېھتىمال، ئۈمىد بولۇپ قالار؟
30 مەڭزىنى ئۇرغۇچىغا تۇتۇپ بەرسۇن؛

**22:3** **«پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىقلىرى! شۇڭا بىز تۈگەشمىدۇق؛...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىقلىرى ھەرگىز ئۈزۈلمەيدۇ؛...»

**22:3** يەش. 1:9؛ ھاب. 13:3

**23:3** زەب. 5:30

**24:3** ھاب. 3:2

**26:3** **«ئۇنى سۈكۈت ئىچىدە كۈتۈش ياخشىدۇر»** ــ «سۈكۈت ئىچىدە» دېگەنلىك مۇشۇ يەردە يەنە «سەۋر-تاقەت بىلەن» دېگەننىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**27:3** **«ئادەمنىڭ ياش ۋاقتىدا بويۇنتۇرۇقنى كۆتۈرۈشى ياخشىدۇر»** ــ بۇ ئايەتنىڭ بەلكىم ئىككى مەنىسى بار: ــ (1) ئادەم ياش ۋاقتىدا جاپا-مۇشەققەتنى كۆرۈش ياخشى ئىشتۇر؛ (2) بابىلنىڭ بويۇنتۇرۇقى يۈكلەنگەنلەر (سۈرگۈن بولغانلار) ئارىسىدىن ياشلار ئاخىرىدا بۇ بويۇنتۇرۇقنىڭ (تەخمىنەن 60 يىلدىن كېيىن) ئېلىپ تاشلىنىشىنى كۆرەلەيدۇ. شۇڭا شۇ چاغدا «بويۇنتۇرۇقنى كۆتۈرگەن ياشلار»نىڭ بەختى بولىدۇ؛ ئۇلارغا نىسبەتەن «ياشلىقتا بويۇنتۇرۇقنى كۆتۈرۈش ياخشى ئىشتۇر»

**29:3** **«يۈزىنى توپا-تۇپراققا تەگكۈزسۇن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاغزىنى تۇپراققا باستۇرسۇن». بۇ ھەرىكەت قاتتىق دۇئا-تىلاۋەت قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**29:3** روس. 22:8

تىل-ئاھانەتلەرنى تويغۇچە ئىشىتسۇن!
31 |כ| (كاف) چۈنكى رەب ئەبەدىل-ئەبەد ئىنساندىن ۋاز كەچمەيدۇ؛
32 ئازار بەرگەن بولسىمۇ،
ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىقلىرىنىڭ مولluۇقى بىلەن ئىچىنى ئاغرىتىدۇ؛
33 چۈنكى ئۇ ئىنسان بالىلىرىنى خار قىلىشنى ياكى ئازابلاشنى
خالىغان ئەمەستۇر.
34 |ל| (لامەد) يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەسىرلەرنى ئاياغ ئاستىدا يانجىشقا،
35 ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ ئالدىدا ئادەمنى ئۆز ھەققىدىن
مەھرۇم قىلىشقا،
36 ئىنسانغا ئۆز دەۋاسىدا ئۇۋال قىلىشقا، ــ رەب بۇلارنىڭ ھەممىسىگە
گۇۋاھچى ئەمەسمۇ؟
37 |מ| (مەم) رەب ئۇنى بۇيرۇمىغان بولسا،
كىم دېگىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسۇن؟
38 كۈلپەتلەر بولسۇن، بەخت-سائادەت بولسۇن، ھەممىسى ھەممىدىن
ئالىي بولغۇچىنىڭ ئاغزىدىن كەلگەن ئەمەسمۇ؟
39 ئەمدى تىرىك بىر ئىنسان نېمە دەپ ئاغرىنىدۇ،
ئادەم بالىسى گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن نېمە دەپ ۋايسايدۇ؟
40 |נ| (نۇن) يوللىرىمىزنى تەكشۈرۈپ سىناپ بىلەيلى،
پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا يەنە قايتايلى؛
41 قوللىرىمىزنى كۆڭلىمىز بىلەن بىللە ئەرشتىكى تەڭرىگە
كۆتۈرەيلى!
42 بىز ئىتائەتسىزلىك قىلىپ سەندىن يۈز ئۆرىدۇق؛
سەن كەچۈرۈم قىلمىدىڭ.
43 |ס| (سامەق) سەن ئۆزۈڭنى غەزەپ بىلەن قاپلاپ، بىزنى قوغلىدىڭ؛

**37:3** زەب. 9:33

**38:3** يەش. 7:45؛ ئام. 6:3

39:3 **«ئەمدى تىرىك بىر ئىنسان نېمە دەپ ئاغرىنىدۇ، ئادەم بالىسى گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن نېمە دەپ ۋايسايدۇ؟»** ــ گۇناھلىرىمىزنىڭ تېگىشلىك جازاسى جىسمانىي ھەم روھىي ئۆلۈم بولسا، بىز تىرىك چاغدا شۇ تېگىشلىك جازانى تېخى تارتمىدۇق.

سەن ئۆلتۈردۈڭ، ھېچ رەھىم قىلمىدىڭ.
44 سەن ئۆزۈڭنى بۇلۇت بىلەن قاپلىغانسەنكى،
دۇئا-تىلاۋەت ئۇنىڭدىن ھېچ ئۆتەلمەس.
45 سەن بىزنى خەلقلەر ئارىسىدا داشقال ۋە نىجاسەت قىلدىڭ.
46 |פ| (پې) بارلىق دۈشمەنلىرىمىز بىزگە قاراپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ مازاق قىلدى؛
47 ئۈستىمىزگە چۈشتى ئالاقزادىلىك ۋە ئورا-تۇزاق،
ۋەيرانچىلىق ھەم ھالاكەت.
48 خەلقىمنىڭ قىزى نابۇت بولغىنى ئۈچۈن،
كۆزۈمدىن ياشلار ئۆستەڭ بولۇپ ئاقماقتا.
49 |ע| (ئايىن) كۆزۈم ياشلارنى ئۈزۈلمەي تۆكۈۋاتىدۇ،
ئۇلار ھېچ توختىيالمايدۇ،
50 تاكى پەرۋەردىگار ئاسمانلاردىن تۆۋەنگە نەزەر سېلىپ ھالىمىزغا قارىغۇچە.
51 مېنىڭ كۆزۈم روھىمغا ئازاب يەتكۈزمەكتە،
شەھىرىمنىڭ بارلىق قىزلىرىنىڭ ھالى تۈپەيلىدىن.
52 |צ| (تسادە) ماڭا سەۋەبسىز دۈشمەن بولغانلار،
مېنى قۇشتەك ھەدەپ ئوۋلاپ كەلدى.
53 ئۇلار ئورىدا جېنىمنى ئۈزمەكچى بولۇپ،
ئۈستۈمگە تاشنى چۆرىدى.
54 سۇلار بېشىمدىن تېشىپ ئاقتى؛
مەن: «ئۈزۈپ تاشلاندىم!» ــ دېدىم.
55 |ק| (كوف) ھاڭنىڭ تۆۋلىرىدىن نامىڭنى چاقىرىپ نىدا قىلدىم، ئى پەرۋەردىگار؛
56 سەن ئاۋازىمنى ئاڭلىدىڭ؛

54:3 «سۇلار بېشىمدىن تېشىپ ئاقتى؛ مەن: «ئۈزۈپ تاشلاندىم!» ــ دېدىم» ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، يەرەمىيا پەيغەمبەر «سۇ ئازگىلى»غا تاشلىۋېتىلگەن. لېكىن مۇشۇ ئايەتلەردە ئېيتىلغان دەردلەر ئاشۇ سەرگۈزەشتتىن ئېشىپ كېتىدۇ.

قۇتۇلدۇرۇشقا نىدايىمغا قۇلىقىڭنى يوپۇرۇۋالمىغىن!
57 ساڭا نىدا قىلغان كۈنىدە ماڭا يېقىن كەلدىڭ،
«قورقما» ــ دېدىڭ.
58 |ר| (رەش) ئى رەب، جېنىمنىڭ دەۋاسىنى ئۆزۈڭ سورىدىڭ؛
سەن ماڭا ھەمجەمەت بولۇپ ھاياتىمنى قۇتقۇزدۇڭ.
59 ئى پەرۋەردىگار، ماڭا بولغان ئۇۋالىلىقنى كۆردۈڭسەن؛
مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارغايسەن؛
60 سەن ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان بارلىق ئۆچمەنلىكلىرىنى،
بارلىق قەستلىرىنى كۆردۈڭسەن.
61 |ש| (شىين) ئى پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ ئاھانەتلىرىنى،
مېنى بارلىق قەستلىگەنلىرىنى ئاڭلىدىڭسەن،
62 ماڭا قارشى تۇرغانلارنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى،
ئۇلارنىڭ كۈن بويى كەينىمدىن كۇسۇر-كۇسۇر قىلىشقانلىرىنى ئاڭلىدىڭسەن.
63 ئولتۇرغانلىرىدا، تۇرغانلىرىدا ئۇلارغا قارىغايسەن!
مەن ئۇلارنىڭ مەسخىرە ناخشىسى بولدۇم.
64 |ת| (تاۋ) ئۇلارنىڭ قوللىرى قىلغانلىرى بويىچە، ئى پەرۋەردىگار،
بېشىغا جازا ياندۇرغايسەن؛
65 ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى كاج قىلغايسەن!
بۇ سېنىڭ ئۇلارغا چۈشۈرگەن لەنىتىڭ بولىدۇ!
66 غەزەپ بىلەن ئۇلارنى قوغلىغايسەن،
ئۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئاسمانلىرى ئاستىدىن يوقاتقايسەن!

## 4-مۇناجات ـ خارابىلىك ئىچىدە تۇرغان يېرۇسالېم

4 1 |א| (ئالەف) ئاھ! ئالتۇن شۇنچە جۇلاسىز بولۇپ كەتتى!
ساپ ئالتۇن شۇنچە تۇتۇق بولۇپ كەتتى!
مۇقەددەس ئۆيدىكى تاشلار ھەربىر كوچىنىڭ بېشىغا تۆكۈلۈپ

چېچىلدى!

2 |ב| (بەت) زىئوننىڭ ئوغۇللىرى شۇنچە قىممەتلىك،
ساپ ئالتۇنغا تېگىشكۇسىز ئىدى،
ھازىر ساپال كوزىلاردەك،
ساپالچىنىڭ قولى ياسىغانلىرىچىلىكمۇ قىممىتى يوق دەپ
قارىلىۋاتىدۇ!

3 |ג| (گىمەل) ھەتتا چىلبۆرىلەر ئەمچەكىنى تۇتۇپ بېرىپ باللىرىنى
ئېمىتىدۇ؛
لېكىن مېنىڭ خەلقىم چۆلدىكى تۆگىقۇشلارغا ئوخشاش رەھىمسىز
بولدى.

4 |ד| (دالەت) بوۋاقنىڭ تىلى ئۇسسۇزلۇقتىن تاڭلىيىغا چاپلىشىۋاتىدۇ؛
كىچىك باللار نان تىلىمەكتە،
ھېچكىم ئۇلارغا ئوشتۇپ بەرمەيۋاتىدۇ.

5 |ה| (خې) نازۇنېمەتلەرنى يەپ كۆنگەنلەر كوچىلاردا سارغىيىپ يۈرىدۇ؛
سۆسۈن كىيىم كىيدۈرۈلۈپ چوڭ قىلىنغانلار تېزەكلىكنى قۇچاقلاپ
يېتىۋاتىدۇ.

6 |ו| (ۋاۋ) خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ قەبىھلىكىگە چۈشكەن جازا سودومنىڭ
گۇناھىنىڭ جازاسىدىن ئېغىردۇر؛
چۈنكى سودوم بىراقلا ئۆرۈۋېتىلگەنىدى، ھېچ ئادەمنىڭ قولى ئۇنى
قىينىمىغانىدى.

---

1:4 **«مۇقەددەس ئۆيدىكى تاشلار...»** — مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ تەركىبى بولغان يوغان ئويۇلغان تاشلارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار «تاشلار» مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى «گۆھەر، ياقۇتلار»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ لېكىن بۇ گۆھەرلەرنى نېبوقادنەسار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلى بابىلغا ئېلىپ كەتكەنىدى.

3:4 **«مېنىڭ خەلقىم چۆلدىكى تۆگىقۇشلارغا ئوخشاش رەھىمسىز بولدى»** — تۆگىقۇشلار ئادەتتە ئۆز باللىرىنى باقمايدۇ؛ باللىرى ئۆز-ئۆزىنى باقىدۇ.

6:4 **«خەلقىمنىڭ قىزىنىڭ قەبىھلىكىگە چۈشكەن جازا سودومنىڭ گۇناھىنىڭ جازاسىدىن ئېغىردۇر؛ چۈنكى سودوم بىراقلا ئۆرۈۋېتىلگەنىدى، ھېچ ئادەمنىڭ قولى ئۇنى قىينىمىغانىدى»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا سودوم شەھىرىنىڭ ئۈستىگە ئوت-گۈڭگۈرت ياغدۇرۇپ جازالىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تارتقان جازاسى ئىنتايىن قىسقا

7 |ז| (زائىن) خەلقىمنىڭ «نازارىي»لىرى بولسا قاردىن ساپ، سۈتتىن ئاق، تېنى قىزىل ياقۇتلاردىن پارقىراق ئىدى،
تەقى-تۇرقى كۆك ياقۇتتەك ئىدى.
8 |ח| (خەت) ھازىر چىرايلىرى قۇرۇمدىن قارا؛
كوچىلاردا كىشىلەر تونۇيالمىغۇدەك بولۇپ قالدى؛
بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى؛
ئۇ قاقشاللىشىپ ياغاچتەك بولۇپ كەتتى.
9 |ט| (تەت) قىلىچتا ئۆلتۈرۈلگەنلەر قەھەتچىلىكتە ئۆلگەنلەردىن بەختلىكتۇر؛
چۈنكى ئۇلار قاقشال بولۇپ كەتمەكتە،
تۇپراقنىڭ مېۋىلىرى بولمىغاچقا يىقىتىلماقتا.
10 |י| (يود) باغرى يۇمشاق ئاياللار ئۆز قوللىرى بىلەن بالىلىرىنى قاينىتىپ پىشۇردى؛
خەلقىمنىڭ قىزى نابۇت قىلىنغىنىدا باللار ئۇلارنىڭ گۆشى بولۇپ قالدى.
11 |כ| (كاف) پەرۋەردىگار قەھرىنى چۈشۈرۈپ پىغاندىن چىقتى،
ئوتلۇق غەزىپىنى تۆكتى؛
زىئوندا بىر ئوت يېقىپ،
ئۇنىڭ ئۇللىرىنى يۇتۇۋەتتى.
12 |ל| (لامەد) يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ۋە جاھاندا بارلىق تۇرۇۋاتقانلار بولسا،

---

بولغان، يېرۇسالېمنىڭكىدەك ئۆزۈنغىچە سوزۇلغان ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇ «ئادەمنىڭ قولى»نىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇچرىغان ئەمەس.

7:4 **«خەلقىمنىڭ «نازارىي»لىرى بولسا قاردىن ساپ، سۈتتىن ئاق،... تەقى-تۇرقى كۆك ياقۇتتەك ئىدى»** — «نازارىي»لار بولسا مەلۇم مەزگىلدە ياكى ئۆمۈرۋايەت ئۆزلىرىنى خۇداغا ئالاھىدە ئاتاپ تاپشۇرغان كىشىلەردۇر. ئۇلار «نازارىي» بولغان ۋاقتتا چاچلىرىنى چۈشۈرمەيتتى، ھېچقانداق ھاراق-شاراب ئىچمەيتتى (تەۋرات، «چۆل.» 1:6-21نى كۆرۈڭ).

8:4 **«بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى»** — ئىبرانىي تىلىدا: «تېرىسى ئۇستىخانلىرىغا چاپلىشىدۇ».

نە كۈشەندە نە دۈشمەننىڭ يېرۇسالېمنىڭ قوۋۇقلىرىدىن بۆسۈپ كىرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى.
13 |מ| (مەم) ھالبۇكى، پەيغەمبەرلىرىنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن،
كاھىنلىرىنىڭ قەبىھلىكلىرى تۈپەيلىدىن،
ئۇلارنىڭ زىئوندا ھەققانىيلارنىڭ قانلىرىنى تۆككەنلىكى تۈپەيلىدىن،
بۇ ئىش بېشىغا چۈشتى!
14 |נ| (نۇن) ھازىر ئۇلار قارىغۇلاردەك كوچىلاردا تېنەپ يۈرمەكتە،
ئۇلار قانغا بۇلغانغانكى،
ھېچكىم كىيىملىرىگە تەگكۈچى بولمايدۇ.
15 |ס| (سامەق) خەق ئۇلارغا: «يوقۇلۇش! ناپاكلار! يوقۇلۇش! يوقۇلۇش، بىزگە تەگكۈچى بولۇشما!» دەپ ۋارقىرىشماقتا.
ئۇلار قېچىپ تەرەپ-تەرەپكە سەرگەردان بولۇپ كەتتى؛
لېكىن ئەللەر: «ئۇلارنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇشىغا بولمايدۇ!» ــ دەۋاتىدۇ.
16 |פ| (پې) پەرۋەردىگار ئۆزى ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى؛
ئۇ ئۇلارنى قايتا نەزىرىگە ئالمايدۇ؛
كاھىنلارنىڭ ھۆرمىتى قىلىنمىدى،
ياشانغانلارمۇ ھېچ مېھرىبانلىق كۆرمىدى.
17 |ע| (ئايىن) كۆزىمىز ياردەمنى بىھۇدە كۈتۈپ ھالىدىن كەتتى؛
دەرۋەقە بىزنى قۇتقۇزالمىغان بىر ئەلنى كۈتۈپ كۆزەت مۇنارلىرىمىزدا

13:4 **«پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھلىرى»نى ئەمەس، بەلكى «پەيغەمبەرلىرىنىڭ گۇناھلىرى»** ــ ئىسرائىلدا تۇرغان بۇ «پەيغەمبەرلەر» خۇدانى ئەمەس، بەلكى خەلقنى رازى قىلىش ئۈچۈن سۆز قىلغۇۋاتقان ساختا پەيغەمبەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.
14:4 **«ئۇلار قانغا بۇلغانغانكى، ھېچكىم كىيىملىرىگە تەگكۈچى بولمايدۇ»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە تاپىلانغان قانۇن بويىچە، «ئۆلۈك»كە تەگكەن ئادەم «بۇلغانغان»، «ناپاك» ھېسابلىناتتى. ئۆلگەن نەرسىلەرگە ياكى «ناپاك» ئادەملەرگىمۇ تەگكەن كىشىلەر ئۆزلىرى بىر مەزگىلگىچە «ناپاك» بولىدۇ. مۇشۇ كاھىنلار ۋە پەيغەمبەرلەر شۇنچە كۆپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەنكى، كىيىم-كېچەكلىرى ھەردائىم «بۇلغانغان» بولۇپ، ھېچكىم ئۇلارغا تېگىشكە پېتىنالمايتتى.
16:4 **«پەرۋەردىگار ئۆزى ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى»** ــ ئىبرانىي تىلدا سۆزمۇسۆز: «پەرۋەردىگارنىڭ يۈزى ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى» دېيىلىدۇ.

**تۇرۇپ كەلدۇق.**

**18 צ (تسادە) دۈشمەنلىرىمىز ئىزىمىزدىن قوغلاپ يۈردى؛**

**شۇڭا كوچىلاردا يۈرەلمەيتتۇق؛**

**ئەجىلىمىز يېقىنلاشتى، كۈنلىرىمىز توشتى؛**

**چۈنكى ئەجىلىمىز كەلدى!**

**19 ק (كوف) پېيىمىزگە چۈشكەنلەر ئاسماندىكى بۈركۈتلەردىن ئىتتىك؛**

**تاغلاردىمۇ بىزنى قوغلاپ يۈگۈردى،**

**باياۋاندىمۇ بىزنى بۆكتۈرمىدە پايلاشتى.**

**20 ר (رەش) جېنىمىزنىڭ نەپىسى بولغان، پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھ قىلغىنى ئۇلارنىڭ ئورا-تۇزاقلىرىدا تۇتۇلدى؛**

**بىز ئۇ توغرىسىدا: «ئۇنىڭ سايىسىدە ئەللەر ئارىسىدا ياشايمىز» دەپ ئويلىدۇق!**

**21 ש (شىين) ئى ئۇز زېمىنىدا تۇرغۇچى، ئېدومنىڭ قىزى، خۇشال-خۇرام يايرىغىن!**

**لېكىن بۇ جازا قەدەھى ساڭىمۇ ئۆتىدۇ؛**

**سەنمۇ مەست بولىسەن، يالىڭاچلىنىسەن!**

---

17:4 «**بىزنى قۇتقۇزالمىغان بىر ئەل**» — ئىسرائىل ھەردائىم ئاۋۋال مىسىر بىلەن، ئاندىن ئاسۇرىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەكچى بولۇپ، ئۇلاردىن ياردەم سورايتتى (مەسىلەن، 6:5نى، «يەر. 18:2نى كۆرۈڭ).

**17:4** ئەز. 16:29

20:4 «**پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھ قىلغىنى**» — ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ.
—«مەسىھ قىلىش» كونا بىر ئۆرپ-ئادەتكە قارىتىلغان. تەۋراتتىكى بەلگىلىمىدە، يېڭى پادىشاھ تىكلىنىش مۇراسىمىدا بېشىغا پۇراقلىق ياغ قۇيۇلاتتى. بۇ «مەسىھ قىلىش» (ياكى «مەسىھلەش») دەپ ئاتالغان. كېيىن پادىشاھ «مەسىھ قىلىنغان» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھ قىلغىنى» («پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھلىگىنى») دەپ ئاتالغان. «مەسىھ قىلىش» مۇراسىمى خۇدانىڭ ھوقۇقى ۋە ئالاھىدە ياردىمى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
—ئەيسا «مەسىھ»نىڭ ئۇستىگە بولسا ياغ ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھ قۇيۇلغان.

21:4 «**ئى ئۇز زېمىنىدا تۇرغۇچى، ئېدومنىڭ قىزى، خۇشال-خۇرام يايرىغىن!**» — ئېدوم ئىسرائىلغا ئۆچ بولۇپ، ھەردائىم ئىسرائىلنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە خۇش بولدۇ.

22 ת (تاۋ) قەبىھلىكىڭنىڭ جازاسىغا خاتىمە بېرىلىدۇ، ئى زىئون
قىزى؛
ئۇ سېنى سۈرگۈنلۈككە قايتا ئېلىپ كەتمەيدۇ؛
لېكىن، ئى ئېدوم قىزى، ئۇ سېنىڭ قەبىھلىكىڭنى جازالايدۇ؛
ئۇ گۇناھلىرىڭنى ئېچىپ تاشلايدۇ!

## 5-مۇناجات - ئىسرائىلنىڭ رەھىم تىلەش دۇئاسى

5 1 بېشىمىزغا چۈشكەنلەرنى ئېسىڭگە كەلتۈرگەيسەن، ئى
پەرۋەردىگار؛
قارا، بىزنىڭ رەسۋاچىلىقتا قالغىنىمىزنى نەزىرىڭگە ئالغايسەن!
2 مىراسىمىز ياتلارغا،
ئۆيلىرىمىز ياقا يۇرتلۇقلارغا تاپشۇرۇلدى.
3 بىز يېتىم-يېسىرلەر، ئاتىسىزلار بولۇپ قالدۇق؛
ئانىلىرىمىزمۇ تۇل قالدى.
4 ئىچىدىغان سۇنى سېتىۋېلىشىمىز كېرەك؛
ئوتۇننى پەقەت پۇلغا ئالغىلى بولىدۇ.
5 بىزنى قوغلىغۇچىلار تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ؛
ھالسىراپ، ھېچ ئارام تاپالمايمىز.
6 جان ساقلىغۇدەك بىر چىشلەمناننى دەپ،
مىسىر ھەم ئاسۇرىيەگە قول بېرىپ بويسۇنغانمىز.
7 ئاتا-بوۋىلىرىمىز گۇناھ سادىر قىلىپ دۇنيادىن كەتتى؛
بىز بولساق، ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرۈشكە قالدۇق.

---

«لېكىن بۇ جازا قەدەھى ساڭىمۇ ئۆتىدۇ؛ سەنمۇ مەست بولىسەن، يالىڭاچلىنىسەن!»
— «قەدەھ» — خۇدانىڭ غەزىپىگە تولغان «قەدەھ»نى كۆرسىتىدۇ (مەسىلەن، «يەر.» 25:15-17، 28نى كۆرۈڭ). ئېدوم ئۇنى ئىچكەن كۈنىدە «يالىڭاچ» بولۇپ، دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا مۇھاپىزەتسىز قالىدۇ، شۇنىڭدەك بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراپ خىجالەتكە قالدۇرۇلىدۇ.
2:5 «مىراسىمىز» — ئىسرائىلغا تەۋە قىلىنغان زېمىننى كۆرسىتىدۇ. خۇدا ئۇلارغا ئۇنى مىراس قىلغانىدى.

8 ئۈستىمىزدىن ھۆكۈم سۈرگۈچىلەر قۇللاردۇر؛
بىزنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلغۇچى يوقتۇر.
9 دالادا قىلىچ تۈپەيلىدىن،
نېنىمىزنى تېپىشقا جېنىمىزنى تەۋەككۈل قىلماقتىمىز.
10 تېرىمىز تونۇردەك قىزىق،
ئاچلىق تۈپەيلىدىن قىزىتما بىزنى باسماقتا.
11 زىئوندا ئاياللار،
يەھۇدا شەھەرلىرىدە پاك قىزلار ئاياغ ئاستى قىلىندى.
12 ئەمىرلەر قولىدىن دارغا ئېسىپ قويۇلدى؛
ئاقساقاللارنىڭ ھۆرمىتى ھېچ قىلىنمىدى.
13 ياش يىگىتلەر يارغۇنچاقتا جاپا تارتماقتا،
ئوغۇل باللىرىمىز ئوتۇن يۈكلەرنى يۈدۈپ دەلدەڭشىپ ماڭماقتا.
14 ئاقساقاللار شەھەر دەرۋازىسىدا ئولتۇرماس بولدى؛
يىگىتلەر نەغمە-ناۋادىن قالدى.
15 شاد-خۇراملىق كۆڭلىمىزدىن كەتتى،
ئۇسسۇل ئوينىشىمىز ماتەمگە ئايلاندى.
16 بېشىمىزدىن تاج يىقىلدى؛
ھالىمىزغا ۋاي! چۈنكى بىز گۇناھ سادىر قىلدۇق!
17 بۇنىڭ تۈپەيلىدىن يۈرەكلىرىمىز مۇجۇلدى؛
بۇلار تۈپەيلىدىن كۆزلىرىمىز قاراڭغۇلاشتى —
18 — زىئون تېغىغا قاراپ كۆزلىرىمىز قاراڭغۇلاشتى،
چۈنكى ئۇ چۆلدەرەپ كەتتى،

8:5 **«ئۈستىمىزدىن ھۆكۈم سۈرگۈچىلەر قۇللاردۇر»** — «قۇللار» بەلكىم مۇستەبىت ھۆكۈمدارلىقتا چىققان قۇللارنى كۆرسىتىدۇ؛ تەۋرات «پەند.» 30:21-22نى كۆرۈڭ. **«بىزنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلغۇچى يوقتۇر»** — ئىبرانيي تىلىدا: «بىزنى ئۇلارنىڭ قولىدىن يىرتىپ چىققۇچى يوقتۇر».

8:5 زەب. 24:136.

14:5 **«ئاقساقاللار شەھەر دەرۋازىسىدا ئولتۇرماس بولدى»** — ئادەت بويىچە ئاقساقاللار شەھەر دەرۋازىلىرىدا ئولتۇرۇپ سوت-ھۆكۈم بەجا كەلتۈرەتتى.

چىلبۆرە ئۈنىڭدا پايلاپ يۈرمەكتە.
[19] سەن، ئى پەرۋەردىگار، مەڭگۈگە ھۆكۈم سۈرىسەن؛
تەختىڭ دەۋردىن-دەۋرگە داۋاملىشىدۇ.
[20] سەن نېمىشقا بىزنى دائىم ئۇنتۇيسەن؟
نېمىشقا شۇنچە ئۇزۇنغىچە بىزدىن ۋاز كېچىسەن؟
[21] بىزنى يېنىڭغا قايتۇرغايسەن، ئى پەرۋەردىگار!
شۇنداق بولغاندا بىز قايتالايمىز!
كۈنلىرىمىزنى قەدىمكىدەك ئەسلىگە كەلتۈرگەيسەن،
[22] ــ ئەگەر سەن بىزنى مۇتلەق چەتكە قاقمىغان بولساڭ،
ئەگەر بىزدىن چەكسىز غەزەپلەنمىگەن بولساڭ!

# قوشۇمچە سۆز

## «يىغا-زارلار» بىزگە بېرىدىغان ئاساسىي خەۋەر

ئىبرانىي تىلىدىكى كۆپ شېئىرلارنىڭ شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى باركى، شېئىرنىڭ مۇھىم تېمىسى ياكى خەۋىرى دەل ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېپىلىدۇ. بىز بۇ ئالاھىدىلىكنى «ئايۇپ» دېگەن كىتابتا بايقىدۇق، ۋە مۇشۇ مۇناجاتلارنىڭ تەركىبىنى ئوخشاش دەپ قارايمىز. بۇ ئازاب-ئوقۇبەت، قايغۇ-ھەسرەت ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولغان شېئىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن، يەنى ئوتتۇرىسىدىكى شېئىرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن بىز مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇيمىز: ــ

ــ «مانا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىقلىرى! شۇڭا بىز تۈگەشمىدۇق؛

چۈنكى ئۇنىڭ رەھىمدىللىقلىرىنىڭ ئايىغى يوقتۇر؛
ئۇلار ھەر سەھەردە يېڭىلىنىدۇ؛
سېنىڭ ھەقىقەت-سادىقلىقىڭ تولىمۇ مولدۇر!
ئۆز-ئۆزۈمگە: «پەرۋەردىگار مېنىڭ نېسىۋەمدۇر؛
شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلايمەن» ــ دەيمەن.
پەرۋەردىگار ئۆزىنى كۈتكەنلەرگە،
ئۆزىنى ئىزدىگەن جان ئىگىسىگە مېھرىباندۇر؛
پەرۋەردىگارنىڭ نىجاتىنى كۈتۈش،
ئۇنى سۈكۈت ئىچىدە كۈتۈش ياخشىدۇر.
ئادەمنىڭ ياش ۋاقتىدا بويۇنتۇرۇقنى كۆتۈرۈشى ياخشىدۇر.
ئۇ يېگانە بولۇپ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرسۇن؛
چۈنكى رەب بۇنى ئۇنىڭغا يۈكلىدى.
يۈزىنى توپا-تۇپراققا تەگكۈزسۇن،
ــ ئېھتىمال، ئۈمىد بولۇپ قالار؟
مەڭزىنى ئۇرغۇچىغا تۇتۇپ بەرسۇن؛

تىل-ئاھانەتلەرنى تويغۇچە ئىشتىسۇن!
چۈنكى رەب ئەبەدىل-ئەبەد ئىنساندىن ۋاز كەچمەيدۇ؛
ئازار بەرگەن بولسىمۇ،
ئۆزگەرمەس مېھرىبانلىقلىرىنىڭ موللۇقى بىلەن ئىچىنى ئاغرىتىدۇ؛
چۈنكى ئۇ ئىنسان باللىرىنى خار قىلىشنى ياكى ئازابلاشنى خالىغان ئەمەستۇر» 3:22-33.

بىز بۇ خەۋەرلەرنى مەرسىيەنىڭ ئىسرائىللارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارغا ئوخشاش، ھەرخىل قايغۇ-ھەسرەت ياكى ئازاب-ئوقۇبەتكە چۆمگەن ھەرقايسى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يەتكۈزگەن ئاساسىي مۇھىم خەۋىرى دەپ ئىشىنىمىز. ئىسرائىلغا ئوخشاش، ئۇلار بىزگىمۇ تەسەللى-ئۈمىد يەتكۈزگەي. ئامىن!

## تەۋرات 26-قىسىم

# «ئەزاكىيال»

## (ئەزاكىيال پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### ئەزاكىيال ـ قانداق ئادەم؟

ئۆز خەلقىگە پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق دەۋردىن-دەۋرگە بولغان ئاگاھلىرىدىن كېيىن، ھەممىگە قادىر خۇدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلىدا بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارگە ئۆز خەلقى تۇرۇۋاتقان پەلەستىن زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشقا يول قويىدى. ئۇ 1200 يىل ئىلگىرى، بۇ «مۇقەددەس زېمىن»نى ئىبراھىم پەيغەمبەر ۋە ئەۋلادلىرى بولغان يەھۇدىيلارغا مىراس سۈپىتىدە تەقسىم قىلغانىدى. بۇ ئالاھىدە تەقسىماتنىڭ مەقسىتى بولسا، يەھۇدىي خەلقى باشقا ئەللەرگە ئۆزىنىڭ خاراكتېرى ۋە مېھرىبانلىقى توغرۇلۇق گۇۋاھچى بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. بىراق ئۇلار مۇشۇ مۇقەددەس تاپشۇرۇقىا ساتقۇنلۇق قىلدى؛ تىرىك بىر ھەققانىي خۇداغا تىرىك گۇۋاھچى بولۇشنىڭ ئورنىدا، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بۇتپەرەسلىكتە جاھىللارچە تۇرۇشى ۋە ئەخلاقسىزلىقى بىلەن، ئۇلار خۇدانىڭ خاراكتېرىنىڭ ئەكسى بولۇپ چىققانىدى. مانا بۇ خۇدانىڭ نېبوقادنەسارنى تاجاۋۇزلۇققا قويۇشىدىكى سەۋەبتۇر: 150 يىل ئىلگىرى، ئاموس، يەشايا ۋە مىكاھ پەيغەمبەرلەر ئىسرائىل توۋا قىلمىسا، دەل مۇشۇ بابىل خەلقى ئىسرائىلغا تاجاۋۇزلۇق ۋە سۈرگۈن قىلىش يولى ئارقىلىق خۇدانىڭ جازالاش قورالى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق ئاگاھ بەرگەنىدى. بۇ ئۈچ پەيغەمبەردىن كېيىن، ھوشىيا، ھاباككۇك، يەرەمىيا ۋە زەفانىيا پەيغەمبەرلەرمۇ ئوخشاش ئاگاھ سىگنالىنى بەرگەنىدى.

نېبوقادنەسار پادىشاھنىڭ بىرىنچى قېتىمكى بېسىپ كىرىشى بىرقەدەر «ئامان-تىنچلىق» بىلەن بولغانىدى. ئىسرائىل پادىشاھى يەھوئاكىم ئۇرۇش قىلماي ئۇنىڭغا تەسلىم بولدى؛ نېبوقادنەسار ئىسرائىلنى ئۆزىگە بېقىندى قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. كېيىن يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلىرىغا قۇلاق سالماي، يەھوئاكىم نېبوقادنەسارغا ئىسيان كۆتۈردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 598-يىلىدا نېبوقادنەسار قايتىپ كېلىپ يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەھوئاكىمنىڭ ئوغلى، ياش پادىشاھ يەھويىئاكىن ئۇنىڭغا تەسلىم بولدى. نېبوقادنەسار سۇلايمان پادىشاھ 350 يىل ئىلگىرى قۇرغان مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش قاچا-قۇچىلارنى، جابدۇقلارنى ۋە شەھەردە ئۇدۇل ئۇچرىغانلا بارلىق بايلىقلارنى بابىلغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ يەنە «ئىنسان بايلىقلارنى» ــ يەھوئاكىننى، ئوردىدىكى ۋە ئىبادەتخانىدىكى تەربىيە كۆرگەن بىلىملىك يىگىتلەرنىڭ ئەلالىرىنى، پالۋان-ئەسكەرلەرنى ۋە شەھەردىكى بارلىق ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ يەھوئاكىننىڭ تاغىسى زەدەكىيانى پادىشاھنىڭ ئورنىغا قويدى. نېبوقادنەسارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى پەيغەمبەرلەر ئېيتقاندەك ئۇنچە دەھشەتلىك بولمىغان ئىدى ــ ئۇ شەھەرنى ۋەيران قىلمىدى، ماڭا بېقىندى بولۇپ باج-سېلىقنى تاپشۇرساڭلارلا بولدى دەپ، خەلققە ئۆز ھاكىمىيىتىنى قالدۇردى.

ئەمەلىيەتتە بولسا، توققۇز يىلدىن كېيىن، زەدەكىيا كۆتۈرگەن بىر ئىسيان تۈپەيلىدىن تېخىمۇ دەھشەتلىك بىر «بېسىپ كىرىش» يۈز بېرىدۇ. بىز خۇدانىڭ بۇ «جازالاش باسقۇچلىرى»دىن ئۇنىڭ رەھىمدىللىقىنى كۆرەلەيمىز؛ چۈنكى خۇدا پەيغەمبەرلەر بىشارەت قىلغان ۋەھشەتلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆز خەلقىگە بابىلنىڭ ۋەيرانچىلىقلىرى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ئايان قىلغانىدى. بىراق ئۇلار يەنىلا قۇلاق سالمىدى، ۋە ئەڭ ئاخىرقى «بېسىقتۇرغۇچى زەربە» مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 587-يىلىدا بولدى. ئۈچ يىل مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاچارچىلىق ئىچىدە قالغان شەھەر بۆسۈلدى. ھەممە جاي كۆيدۈرۈلدى ياكى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. نېبوقادنەسار زەدەكىيا پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدا ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ئاندىن پادىشاھنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋەتتى. تىرىك قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى سۈرگۈن قىلىندى؛ ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئادەملەر زېمىندا قالدۇرۇلدى.

بىرىنچى قېتىمكى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 598-يىلىدىكى) «سۈرگۈن بولۇش»تا ئېلىپ كېتىلگەنلەر ئارىسىدا، تارىختا ئىزلىرىنى قالدۇرغان بەش ياش يىگىت بولغانىدى. دانىيال ۋە ئۇنىڭ ھانانىيا، مىشائەل، ئازارىيا دېگەن ئۈچ دوستى پاك-دىيانەتلىكى تۈپەيلىدىن بابىل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى؛ بەشىنچى ئادەم بولسا ئەزاكىيال ئىدى.

ئەزاكىيالغا نىسبەتەن سۈرگۈن بولۇش ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىشتىنمۇ ئېغىر زەربە ئىدى. چۈنكى ئەزاكىيال كاھىن ئىدى. شۇ ۋاقىتقا قەدەر، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئۇنىڭ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە، مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا كىرىپ، خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان شۇ كۈنگە بىرخىل تەييارلىق بولغانىدى. بىراق ئاشۇ ئۇلۇغ كۈن كەلگۈچە ئۇ ئىككى مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، پۈتۈنلەي يات بىر يۇرتقا ئېلىپ كېتىلدى. خۇدانى سۆيگەن ئەزاكىيالدەك ياش بىر يىگىت ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئادەمنى تولىمۇ قايغۇغا سالىدىغان ئىش. ئۆز چۈشىنىشى بويىچە، خۇدانىڭ «مۇقەددەس جاي»ىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋە ئىبادەتخانىدا خۇدانىڭ ۋەھىيلىرى ئاستىدا كاھىنلارنىڭ ئورتاق تۇرمۇشىدىن مۇيەسسەر بولۇش بولسا، ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى ئىمتىياز ھېسابلىناتتى. بىراق ھازىر ئۆز خەلقىنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇ بۇ ئىمتىيازدىن مەھرۇم بولدى.

مۇشۇنىڭدىن بىز ئۇنىڭ كىتابىنىڭ بىرىنچى ئايىتىنى چۈشىنەلەيمىز: «ئوتتۇزىنچى يىلى ئاسمانلار ئېچىلىپ، مەن خۇدانىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشلىرىنى كۆردۈم». چۈنكى ئەزاكىيالغا «ئوتتۇزىنچى يىل»نىڭ پەقەت بىرلا مەنىسى بار ئىدىكى، ــ ئۇ بولسىمۇ بىرىنچى قېتىم كاھىنلىق «شاھانە كىيىملەر»نى كىيىپ، «مۇقەددەس جاي»غا كىرىپ خۇدانىڭ ھوزۇرى ئالدىدا خۇشبۇي ياقىدىغان كۈنى دەل شۇ يىل، شۇ كۈنى بولاتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا بۇ شۇ كۈنىدە بەلكىم ئۇ بابىلدىكى مەلۇم بىر «يىزا تۇرمە»سى ياكى «ئەمگەك لاگېرى»غا بېرىپ قالدى. بىراق ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئاشۇ كۈنىدە، ئىبادەتخانىدىكى ئىشلارغا نىسبەتەن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە ئىمتىيازلىق بىر ئىش يۈز بەردى – «ئاسمانلار ئېچىلىپ، مەن خۇدانىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشلىرىنى كۆردۈم»!

ئۇ كۆرگەن «خۇدانىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشى»نى بولسا، باشقا پەيغەمبەرلەر كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ ئاۋۋال تۆت ئاجايىب كۈچلۈك «ھايات مەخلۇق» (كېرۇبلار)نى كۆردى.

ئۇلار تۆت يۈزلۈك، تۆت قاناتلىق ۋە تۆت قوللۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ يېنىدا يوغان پىرقىرايدىغان پارقىراق چاق تۇرىدۇ. كېرۇبلار خۇدانىڭ روھىنىڭ يولىيورۇقلىرى بىلەن چاقماقنىڭ سۈرئىتىدە يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر-بىرىگە چاقماق ۋە ئوت يالت قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يۈرۈشلىرىدىن ئادەمنى پاك قىلىدىغان شاۋقۇن ئاڭلىناتتى. مەخلۇقلار ئۈستىدە يوغان بىر «گۈمبەز»دەك نەرسە كۆرۈنەتتى؛ گۈمبەز ئۈستىدە بىر پارقىرايدىغان تەخت تۇراتتى، ۋە تەختنىڭ ئۈستىدە خۇدانىڭ بىر كۆرۈنۈشى ئولتۇراتتى ــ روشەنكى، ئۇ شۇنچە پارقىرايتتىكى، ئەزاكىيال ئۇنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ئاران قارىيالايتتى.

قانداق ئادەم پەيغەمبەر بولىدۇ، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. ئادەمنى پەيغەمبەر بېكىتىش خۇدانىڭ تاللىۋېلىشىدىكى ئىش، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولغىنى بىلەن بىز ئەزاكىيالدىن خۇدانىڭ بۇ ۋەزىپىگە تاللايدىغان ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز ــ دېمەك، ئۇ خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا تەشنا بولغان، ئۆز خەلقىنىڭ گۇناھلىرىدىن چوڭقۇر ئازابلىنىدىغان بىر كىشى بولىدۇ. ئەزاكىيالدەك بىر كىشىگە خۇدادىن ۋەھىيلەر كەلمىگەن بولسا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىش بولاتتى؛ چۈنكى ئەزاكىيالدىن 600 يىل كېيىن رەب ئەيسا مەسىھ: «تىلەڭلار، ئۇ سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ؛ ئىزدەڭلار، تاپىسىلەر؛ ئىشىكنى قېقىڭلار، سىلەرگە ئېچىلىدۇ» دېگەن مەڭگۈلۈك پرىنسىپنى بىزگە ئېيتىپ بەرگەن («مات.» 7:7-8). شۈبھىسىزكى، ئەزاكىيال شۇنداق بىر ئادەم ئىدىكى ــ سورىغان، ئىزدىگەن، ئىشىكنى قاققان كىشى ئىدى.

ئەمدى خۇدا بۇ ئادەمگە نېمە خەۋەرنى تاپشۇرغان؟

## ئەزاكىيال يەتكۈزگەن خەۋەر

خۇدا ئەزاكىيالغا تاپشۇرغان خەۋەر دەسلەپتە ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئازابلىق ئىدى؛ شۇنداق بولغىنى بىلەن، ئۇ بىزگە بۈگۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر خەۋەردۇر. ئۇ سۈرگۈن بولغاندا، خەلقىنىڭ يېرىمى پەلەستىندە قالدۇرۇلغانىدى. خەلق پەيغەمبەرلەرنىڭ بابىل ئارقىلىق بولىدىغان جازا توغرۇلۇق ئاگاھلىرىنى ھەم بېشارەتلىرىنىڭ ئۆز كۆزى ئالدىدا ئەمەلگە «يېرىم ئاشۇرۇلۇش»لىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى،

پەلەستىندە قالغانلار ھەم بابىلغا سۈرگۈن بولغانلار ئارىسىدا، «ئۈمىدۋار كۆزقاراش»لار خىلى دەۋر سۈرگەنىدى ــ «بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بۇنچە ئېغىر ئەمەستۇ»، «بىز بابىللىقلاردىن قۇتۇلۇپ قالىمىز»، «ئىبادەخانىدىكى مۇقەددەس قاچا-قۇچىلار بىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ»، «مىسىر بىزنى بابىلدىن قۇتقۇزىدۇ» دېگەندەك گەپلەر ئىدى. پەلەستىندە قالغانلاردىن ھەتتا: «گۇناھكار بولغان ئادەملەر بولسا، ئۇلار سۈرگۈن بولۇپ ئېلىپ كېتىلدى، بىراق بىز قالغانلار خۇدانىڭ ھەقىقىي تاللىغانلىرى، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئامراق ئادەملىرى» دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى.

بۇنداق نادانلارچە كۆزقاراشلار كۆپلىگەن ساختا پەيغەمبەرلەر ۋە نۇرغۇنلىغان پالچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. مۇشۇنداق كىشىلەر ھەردائىم قىلغىنىدەك، خەلقلەر نېمىنى ئاڭلىغۇسى بولسا ئۇلارمۇ دەل شۇنى ئۇلارغا ئېيتاتتى. دەرۋەقە مۇشۇنداق ساختا پەيغەمبەرلەر: «خۇدانىڭ ئىبراھىم ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا بەخت-بەرىكەت يەتكۈزگەن ۋەدىلىرى»نى تەكىتلەيتتى، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلارغا گۇناھ توغرۇلۇق تاپشۇرغان ئاگاھلىرىنى ھېچ تىلغا ئالمايتتى. خۇدانىڭ ۋەھيى بىلەن ئەزاكىيال ئۇلارنى «تامنى ئاقارتقان تامچىلار»غا ۋە ئىسرائىلنى «كۆپ يېرىقلار بىلەن يېرىلىپ كەتكەن، يىقىلاي دەپ قالغان بىر تام»غا ئوخشاتقانىدى. تامچىلار يىقىلاي دەپ قالغان بۇ تامنى كۆرۈپ، ياسىتىشنىڭ ئورنىغا، يېرىقلىرى كۆرۈنمىسۇن دەپ ئۇنى پەقەت «ھاك سۇۋاق» بىلەن ئاقارتقان. ئەمەلىيەتتە «تام»نىڭ ھالى تېخىمۇ چاتاق ئىدى؛ چۈنكى خەلق ئۇنىڭ «يېرىقلىرى»نى كۆرەلمەي، ئۇنىڭ ئۆرۈلۈشىدىن خەۋەرسىز بولۇپ قالغانىدى.

ئەزاكىيال خەلققە يەتكۈزگەن ئاۋۋالقى خەۋەر شۇكى ــ «خۇدانىڭ تولۇق جازاسى بېشىڭلارغا چۈشمەي قالمايدۇ، ھەمدە چۈشۈش ۋاقتىغا ئاز قالدى». ئۇ خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىڭ يېرۇسالېمدىن كەتكەنلىكىنى كۆردى ــ شۇنىڭدەك شەھەرنىڭ باشپاناھى، شۇنداقلا خۇدانىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش رولى ئۈزۈلدىن كەتكەنىدى. دۇنيادىكى بارلىق «ئۈمىدۋارلىق» بۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. يېرۇسالېم قان، بۇلاڭ-تالاڭ، جازانىخورلۇق ۋە شەھۋانىي گۇناھلارغا تولغان بىر شەھەر ئىدى. پەيغەمبەرلەر پەقەت كەلگۈسى ئىشلارنى ئالدىنئالا ئېيتىپلا قالماي، ئۇلار يەنە ئۆتكەن ۋە ھازىرقى زامانلار توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى ئايان قىلىدۇ. ئەزاكىيال ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا ئىسرائىللار ئىنتايىن پەخىرلىنىدىغان «ئۇلۇغ

ئاتا-بوۋىلىرىمىز»نىڭ گۇناھلىرىنى كۆپرەك ئايان قىلدى. ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن چىققاندا «ئۇلۇغ باشلىنىشلىرىمىز» بولماق تۇگۇل، بەلكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۆجىزىلەردىن ساۋاق ئالماي، ئۆز مەبۇدلىرىنى ۋە بۇتپەرەسلىككە چېتىشلىق شەھۋانىي گۇناھلارنى ھېچقاچان تاشلىمىغان. 16- ۋە 23-بابنى كۆرۈڭ. خۇدانىڭ نەزەرىدە ئىسرائىلنىڭ قىلمىشلىرى ئۇنىڭدەك پۇرسەت ۋە بەرىكەتلەرنى كۆرۈپ باقمىغان قوشنا ئەللەرنىڭكىدىن بەتتەر كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىككى بابنى ئوقۇغانلار بەلكىم ئەزاكىيال خەلقنى ئەيىبلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن كۈچلۈك، ھەتتا قوپال سۆزلەردىن ھەيران قالىدۇ. كۆڭلى قاتتىق ئادەملەرنىڭ ۋىجدانىنى پەقەت زەربىلىك، ۋەھشەتلىك ۋە چۆچۈتەرلىك سۆزلەر بىلەنلا ئويغاتقىلى بولىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئۆز دەۋرىدە پەقەت ھوقۇق-مەنسەپ ۋە پۇلغا ئامراق بولغان، شۇنىڭدەك شۇلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئاممىنى غاپىللىقتا قالدۇرىدىغان دىنىي ئەربابلارنى ئەيىبلەيدىغان ئوخشاش دەھشەتلىك سۆزلەرنى ئىشلەتكەن («ماتتا» 23-باب).

بىز بەلكىم يەھۇدىيلارنىڭ جاھىل ئاسىيلىقىغا قاراپ ئەجەبلىنىپ كېتىمىز. بىراق ئۆز-ئۆزىمىزدىن: «بىز ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولغان بولساق، باشقىچە قىلارمىدۇق؟» — دەپ سورىشىمىز كېرەك. ئىنجىلدىكى تەلىمدىن، خۇدانىڭ ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىنى «مىكروسكوپ ئاستىغا قويغان»لىقىنى كۆرىمىز. باشقىچە ئېيتقاندا، بىز ئۇلاردا قايتا-قايتا كۆرۈنگەن ئەخلاقىي مەغلۇبىيەتلەر، گۇناھلار، تىلىنىڭ ئۈچىدىلا قىلغان توۋىسى ۋە ئىتائەتسىزلىكلىرىدىن ئۆزىمىزنىڭ «تىلىمىزنىڭ ئۈچىدىلا قىلغان توۋىمىز ۋە ئىتائەتسىزلىكلىرىمىز»نى كۆرەلەيمىز؛ ۋە يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇلار ئارىسىدىكى بەزىلەردە: «خۇدانىڭ «مەن ئۇنى دۇنياغا ئەۋەتىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن قۇتقۇزغۇچىسىغا ئىنتايىن موھتاجمەن» دېگەندەك چوڭقۇر ئاڭ پەيدا بولىدۇ؛ بىزمۇ ئۆز ئەخلاقىي مەغلۇبىيىتىمىزگە سەمىمىيلىك بىلەن يۈزلەنسەك، «بىز خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىغا ئىنتايىن زور كېرەك» دەپ بىلىپ يېتىمىز ۋە شۇنىڭدەك ئۇنى قوبۇل قىلىشقا لايىق كۆڭۈلدە بولىمىز. بىز بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە، بولۇپمۇ 36-بابقا مۇناسىۋەتلىك مۇزاكىرىمىزدە يەنە توختىلىمىز.

ئەزاكىيال ئۆزى بەرگەن بەزى بېشارەتلەرنى ئىپادىلەپ «رول ئېلىش»قىمۇ بۇيرۇلغان. ئۇ سېغىز لايدىن يېرۇسالېمنىڭ ئەندىزىسىنى ياساپ ۋە ئۇنى «مۇھاسىرە»گە

ئالدى؛ شۇ «مۇھاسىرە»دە ئۇ ھەم خۇدانىڭ رولىنى، شۇنداقلا مۇھاسىرە ئاستىدا قالغان، «ئاچارچىلىق ۋاقتىدىكى نورمىلىق» تاماق يېگەن ئادەمنىڭ رولىنى ئالدى (3-5-باب). ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى سۇرگۈن بولغان يۇرتداشلارغا ئىنتايىن قىزىق كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇلار ئىشەنچكە ياكى توۋا قىلىشقا ھېچ قوزغالمىدى. ئەزاكىيال ئۇلارغا زادىلا «ئادەتتىكى پاراڭ»نى قىلمايتتى ــ پەقەت خۇدادىن كەلگەن خەۋەرنىلا ئۇلارغا يەتكۈزەتتى. بىر كۈنى ئۇ: «خۇدادىن ماڭا: «بۈگۈن يېرۇسالېم مۇھاسىرىگە چۈشتى» دېگەن ۋەھىي كەلدى!» ــ دەپ جاكارلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «ئەتە كەچتە سۆيۈملۈك ئايالىڭدىن جۇدا بولىسەن» دەپ ئايان قىلىندى؛ دەرۋەقە شۇ كەچتە ئۇنىڭ ئايالى قازا قىلدى (24-باب). خۇدانىڭ ئالاھىدە يوليورۇقى بولغاچقا، ئۇ ئايالىغا ھېچ يىغلىمىدى، ھېچ ماتەم تۇتمىدى. بۇ ئىش يەنە خەلقنى ئەجەبلەندۈردى؛ ئۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەي ئوخشاش ئىشقا يولۇقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. خۇدانىڭ جازاسى چۈشكەن كۈنى ئۇلار كۆڭۈل ئازابى ۋە دەرد-ئەلەمنىڭ زورلۇقى تۈپەيلىدىن نە يىغلاشنى نە ئادەتتىكىدەك ماتەم تۇتۇشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

ئۈچ يىل ئۆتتى. بىر كۈنى ئەزاكىيال ئادەتتىكىدەكلا خالايىق بىلەن سالاملاشتى. ئۇلار يەنە بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئەتىسى ئەتىگەندە ئايان بولدى. ئىسرائىلدىن چىققان بىرسى: «يېرۇسالېم پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى (21:33). بۇ كىشى يەنە ئەزاكىيالنىڭ ئىسرائىل ۋە يېرۇسالېم توغرۇلۇق بەرگەن باشقا بېشارەتلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدى، ئەلۋەتتە. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئەزاكىيال «قىزىق بىر شەخس» سانالمىدى، بەلكى پەيغەمبەر دەپ ھېسابلىنىپ ئېتىراپ قىلىندى؛ ئەمما خەلق يەنىلا ئۇ ئارقىلىق كەلگەن، مۇقەددەس روھنىڭ ئۆزۈل-كېسەل توۋا قىلىشقا بولغان چاقىرىقىغا ھېچ قۇلاق سالمايتتى.

ئىسرائىل توغرۇلۇق 1-33-بابتا خاتىرىلەنگەن بېشارەتلەر ئىچىدە ئەتراپتىكى ئەللەر توغرۇلۇق بېشارەتلەرمۇ بار (25-33). كۆزقارىشىمىزچە بۇ بېشارەتلەرنىڭ مەقستى:

(1) باشقا ئەللەرنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچىگە ھە دەپ تايانغان ئىسرائىلنىڭ: «بۇ ئەللەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ قولىدىدۇر» دەپ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى

ئۈچۈن. ئۇلارنىڭ ئىشىنىش-تايىنىشى كۆرۈنگەن كۈچكە ئەمەس، بولۇپمۇ مىسىرغا (29-33-بابلار) ئەمەس، بەلكى كۆرۈنمەس خۇداغا بولۇشى كېرەك.

(2) ئىسرائىلغا خۇدانىڭ يان باسمايدىغان، بىتەرەپ ئادالىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن؛

(3) ئىسرائىلغا چۈشكەن جازانى كۆرگەن ئەتراپىدىكى ئەللەرنى تەكەببۇر بولماسلىققا ۋە خۇدادىن قورقۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

1-33-بابتىكى بېشارەتلەردىن كېيىن، ئەزاكىيال كەلگۈسىدىكى يىراق كۈنلەر توغرۇلۇق سۆزلەشكە ئۆتىدۇ. بۇ بېشارەتلەرنىڭ مەقسىتى شۈبھىسىزكى، ئۆز خەۋىرىنى قوبۇل قىلغان بىرنەچچە مۆمىن بەندىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئەزاكىيال خېلى بۇرۇنلا خۇدا ئۇلارنىڭ ئاللىقانداق ھەققانىيلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز نامى ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ سۈرگۈن بولغانلىقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەنىدى (11:16-20، 16:53-54، 60-63، 20:33-34). بۇ بېشارەتلەر ھازىر 33-39-بابلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. بۇ بېشارەتلەرنىڭ بىرىنچىسى «ياخشى پادىچى» توغرۇلۇق بېشارەتتۇر (34-باب). ئىنجىلنى ئوقۇغانلار «يۇھاننا» 10-بابتىن، مەسىھ ئەيسانىڭ «مەن ياخشى پادىچىدۇرمەن» دېگەنلىكىنى، شۇنداقلا مەسىھ ئەيسانىڭ بېشارەتنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى كۆرمەي قالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاخىرقى زامانلاردا يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈن بۇ بېشارەت مەسىھ ئەيسانىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزىدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بەلكىم بۇ سەۋەبتىن 34-بابتىن كېيىن، ئىسرائىلغا كۈشەندە بولۇپ كەلگەن ئېدومنى ئەيىبلەيدىغان بىر بېشارەت كېلىدۇ (35-باب)؛ 36-بابتا خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن تۈزىدىغان ئاجايىب «يېڭى ئەھدە»سى توغرۇلۇق بېشارەت خاتىرىلىدۇ: 37-بابتا بۇ بېشارەتنىڭ مەزمۇنى باشقا شەكىلدە، يەنى داڭلىق «قۇرۇق سۆڭەكلەر جىلغىسى»دا ئىسرائىلنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىنى كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشتە تەكرارلىنىدۇ.

38- ۋە 39-بابلار ئاخىرقى زامانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىسرائىلنىڭ دۈشمەنلىرى، سىرلىق شاھزادە گوگ ۋە ئۇنىڭ خەلقى ماگوگ ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلىدۇ. خۇدا ئۆزى ئىسرائىلنى قوغداپ ئۇلارنى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ بابلار (36-39) توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە توختىلىمىز.

يېرۇسالېم ۋەيران قىلىنغانلىق خەۋىرى كەلگەندىن 13 يىل كېيىن، يەنە بىر

كۆرۈنۈش ئەزاكىيالغا كەلدى. بۇ 40-48-بابلاردا خاتىرىلەنگەن. بۇ كۆرۈنۈش تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەزاكىيال خۇدانىڭ روھىدا كەلگۈسى زاماندىكى ئىسرائىلنى كۆرۈشكە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئاۋۋال شۇ كۈنلەردە بولىدىغان يېڭى ئىبادەتخانىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئىبادەتخانا ئۇ ياشلىقىدا «شۇ يەردە مەن خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولىمەن» دەپ ئويلىغان، يەنى سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانىدىن زىيادە چوڭ بولىدۇ. ئۇ كاھىن بولغاچقا، بۇ يېڭى ئىبادەتخانا دەل ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىد قىلغانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بولىدۇ. يېڭى ئىبادەتخانا ۋە ئۇنىڭدا يۈرگۈزۈلىدىغان بەلگىلىمە-ھۆكۈملەر تەپسىلىي ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ؛ ئۇ يېڭى يېرۇسالېم شەھىرىنى كۆرىدۇ؛ شەھەر ۋە ئىبادەتخانا ئىنتايىن ئېگىز تاغ ئۈستىگە جايلىشىدۇ. شەھەر ۋە ئىبادەتخانا قانائان (پەلەستىن) زېمىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ؛ يېڭى چېگرالار ۋە ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە بولىدىغان زېمىن تەقسىماتى تەسۋىرلىنىدۇ. خۇدانىڭ ھۇزۇرى ئوتتۇرىدا بولغاچقا، ھەممىسى ئامان-تىنچلىق، خاتىرجەملىك، شان-شەرەپلىك بولىدۇ. بىز بۇ ئىشلار ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە توختىلىمىز. تەرجىمىمىزدە بۇ ئىبادەتخانىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ۋە خۇدانىڭ پەلەستىن زېمىنىنى يېڭى تەقسىم قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن سخېمىلارنى قوشۇپ قويدۇق؛ سخېمىلارغا قارىغاندا، ئوقۇرمەنلەر بۇ بېشارەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىرىنچى قېتىم ئوقۇغىنىدا، چۈشىنىشكە ياردەم بولىدۇ. بولمىسا، ئوقەرمەنلەر ئۆزلىرى سخېمىلارنى سىزىپ باقسىمۇ بولىدۇ.

تەرجىمىمىزدە ھازىرقى زاماندىكى يەھۇدىي ئالىم دوكتور ئارنولد فرۇختېنبائۇمنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن ۋە ئەنگلىيەلىك ئالىم ج.ۋ.تايلورنىڭ: «ئەزاكىيال – تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە شەرھلىرى» (1969) دېگەن كىتابىدىن پايدىلاندۇق.

يىغىپ ئېيتقاندا «ئەزاكىيال» كىتابىنىڭ قىسىملىرى تۆۋەندىكىدەك: –

(1) خۇدانىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشلىرى – ئەزاكىيالنىڭ چاقىرىلىشى ۋە ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان خەۋەر (1:1-17:5)

(2) جازالاش توغرۇلۇق بېشارەتلەر (1:6-27:7)

(3) يېرۇسالېمنىڭ جازالىنىشىنى كۆرسەتكەن ئالامەت كۆزنۈش (1:8-25:11)

(4) ئىسرائىل ۋە يېرۇسالېمنىڭ گۇناھلىرىنى پاش قىلىدىغان بېشارەتلەر

(27:24-1:12)

(5) ئەللەرنى ئەيىبلەيدىغان بېشارەتلەر (25:1-32:32)

(6) يېرۇسالېمنىڭ ئۆرۈلۈشى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى (33:1-28:37)

(7) گوگنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى – ئۇنى ئەيىبلەيدىغان بېشارەت (38:1-29:39)

(8) يېڭى يېرۇسالېم (40:1-35:48)

# ئەزاكىيال

## خۇدانىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشلىرى ـ ئەزاكىيالنىڭ چاقىرىلىشى ۋە ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان خەۋەر

1 [1]ئوتتۇزىنچى يىلى، تۆتىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىدە، مەن
كېۋار دەرياسىغا سۈرگۈن قىلىنغانلار ئارىسىدا تۇرغان مەزگىلدە،
مانا ئاسمانلار ئېچىلىپ، مەن خۇدانىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشلىرىنى
كۆردۈم. [2]تۆتىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى ــ يەھوئاكىننىڭ سۈرگۈن
بولغانلىقىنىڭ بەشىنچى يىلى ئىدى ــ [3]كالدىيلەرنىڭ زېمىنىدا، كېۋار
دەرياسى بويىدا، بۇزىنىڭ ئوغلى ئەزاكىيال كاھىنغا پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى ئوچۇق كەلدى ــ شۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ قولى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا
قوندى.
[4]مەن كۆردۈم، مانا! شىمالدىن بوران-چاپقۇن كۆتۈرۈلدى؛ يوغان بىر
بۇلۇت ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان بىر ئوت، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر يورۇقلۇق
جۇلالىنىپ تۇراتتى؛ ئوتتۇرىسىدىن، يەنى شۇ ئوت ئىچىدىن،
ئىسسىقتىن جۇلالانغان پارقىراق مىستەك بىر كۆرۈنۈش كۆرۈندى.
[5]يەنە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن، تۆت ھايات مەخلۇق كۆرۈندى؛ ئۇلارنىڭ
كۆرۈنۈشى شۇنداق ئىدىكى: ــ ئۇلاردا ئىنساننىڭ قىياپىتى بار ئىدى؛
[6]ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تۆتتىن يۈزى بار ئىدى؛ ھەربىرىنىڭ تۆتتىن

---

1:1 **«ئوتتۇزىنچى يىلى»** ــ ئەزاكىيالنىڭ ئۆزىنىڭكى 30-يىلى بولسا كېرەك. ئەزاكىيال ئەسلى كاھىن بولۇپ، ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى تولۇق كاھىنلىق ئورنىغا (بولۇپمۇ قۇربانلىق قىلىشقا) چىقىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇ سۈرگۈن بولۇپ، ئۇنداق نېسىۋىگە مۇيەسسەر بولالمىدى.

**1:1** زەب. 1:137

5:1 **«ئۇلاردا ئىنساننىڭ قىياپىتى بار ئىدى»** ــ بۇ سۆزلەر، ئېھتىمال، مۇشۇ مەخلۇقلارنىڭ ئۆرە تۇرغان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.
—مەخلۇقلار سۈرەتلەنگەن ئالماشلار بەزىدە ئەرەنچە رودتا، بەزىدە ئايالچە رودتا كۆرۈلىدۇ. بەلكىم

قانىتى بار ئىدى. [7] ئۇلارنىڭ تۇپتۇز پۇتلىرى بار ئىدى؛ تاپانلىرى بولسا
موزاينىڭ تۇياقلىرىغا ئوخشايتتى؛ ئۇلار پارقىرىتىلغان مىستەك
پارلاپ تۇراتتى.
[8] تۆت يېنىدا، قاناتلىرى ئاستىدا ئىنسانىنىڭكىدەك بىردىن قولى بار
ئىدى؛ تۆتىسىنىڭ ھەربىرىنىڭ تۆتتىن يۈزى ۋە تۆتتىن قانىتى بار
ئىدى؛ [9] ئۇلارنىڭ قاناتلىرى بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى؛ ئۇلار يۈرگەندە
ھېچياققا بۇرۇلمايتتى؛ ئۇلار ھەممىسى ئۇدۇل ئالدىغا يۈرەتتى.
[10] ئۇلارنىڭ يۈز كۆرۈنۈشلىرى ئىنسانىنىڭكىدەك ئىدى؛ ئۇ تۆتىسىنىڭ
ئوڭ تەرىپىدە شىرنىڭكىدەك يۈزى بار ئىدى؛ تۆتىسىنىڭ سول تەرىپىدە
بۇقىنىڭكىدەك يۈزى بار ئىدى؛ تۆتىسىنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك يۈزىمۇ
بار ئىدى.
[11] ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئەنە شۇنداق ئىدى. قاناتلىرى يۇقىرىدا
كېرىلىپ تۇراتتى؛ ھەربىرىنىڭ ئىككى قانىتى ئىككى تەرىپىدىكى
مەخلۇقنىڭ قانىتىغا تۇتىشاتتى؛ يەنە ئىككى قانىتى ئۆز تېنىنى
يېپىپ تۇراتتى. [12] ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۇدۇلغا قاراپ ماڭاتتى؛ ئۇلاردا
بولغان روھ نەگە بارىمەن دېسە، ئۇلار شۇ يەرگە ماڭاتتى؛ ئۇلار ماڭغاندا
ھېچقايسى تەرەپكە بۇرۇلمايتتى. [13] ھايات مەخلۇقلارنىڭ قىياپىتى
بولسا، كۆيۈپ يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتنىڭ چوغىدەك، مەشئەللەردەك
ئىدى؛ مۇشۇ ئوت ئۇيان-بۇيان ئايلىنىپ مەخلۇقلار ئارىسىدا يۈرەتتى؛
ئوت ئىنتايىن يالقۇنلۇق ئىدى، ئوتتىن چاقماقلار چېقىپ تۇراتتى؛

---

ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى پەيغەمبەرگە بىر تەرىپى ئەرەنچە قىياپەتتە، يەنە بىر تەرىپى ئايالچە قىياپەتتە كۆرۈنگەن بولۇشى مۇمكىن.

**6:1** ئەز. 14:10

8:1 **«تۆتىسىنىڭ ھەربىرىنىڭ تۆتتىن يۈزى ۋە تۆتتىن قانىتى بار ئىدى»** — بەزى ئالىملار: — «تۆتىسىنىڭ ھەربىرىنىڭ يېنىدا ئىككىدىن ئىنسانىنىڭكىدەك قولى بار ئىدى» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ — دېمەك، ھەربىر مەخلۇقنىڭ تۆتتىن ئەمەس، بەلكى ئىككىدىن قولى بار ئىدى.

**8:1** ئەز. 8:10

**10:1** ئەز. 14:10؛ ۋەھ. 7:4

12:1 **«ئۇلاردا بولغان روھ»** — بەلكىم خۇدانىڭ روھىدۇر.

14 ھايات مەخلۇقلار چاقماقتەك پال-پۇل قىلىپ ئۇياقتىن-بۇياققا
يۈگۈرۈپ تۇراتتى. 15 مەن ھايات مەخلۇقلارغا قارىدىم، مانا ھايات
مەخلۇقلارنىڭ ھەربىرىنىڭ يېنىدا يەردە تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ يۈزىگە
ئۇدۇللانغان بىردىن چاق تۇراتتى؛ 16 چاقلارنىڭ شەكلى ۋە ياسىلىشى
بېرىل ياقۇتنىڭ كۆرۈنۈشىدە ئىدى؛ تۆتىسىنىڭ بىرخىللا كۆرۈنۈشى
بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ياسىلىشى بولسا، چاقنىڭ ئىچىدە چاق
باردەك ئىدى.
17 مەخلۇقلار ماڭغاندا، ئۇلار يۈزلەنگەن تۆت تەرىپىنىڭ ھەممىسىگە
ئۇدۇل ماڭاتتى؛ ماڭغاندا ئۇلار ھېچ بۇرۇلمايتتى. 18 چاقلارنىڭ
ئۇلتاڭلىرى بولسا، ئىنتايىن ئېگىز ھەم دەھشەتلىك ئىدى؛ ئۇلار
تۆتىسىنىڭ ئۇلتاڭلىرىنىڭ پۈتۈن ئەتراپى كۆزلەر بىلەن تولغانىدى.
19 ھايات مەخلۇقلار ماڭغاندا، چاقلار ئۇلارغا ياندىشىپ ماڭاتتى؛
ھايات مەخلۇقلار يەردىن كۆتۈرۈلگەندە، چاقلارمۇ كۆتۈرۈلەتتى.
20 روھ نەگە ماڭ دېسە، ئۇلار شۇ يەرگە ماڭاتتى ــ دېمەك، ئۇلارنىڭ
روھى روھقا ئەگىشىپ ماڭاتتى. چاقلار ئۇلار بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلەتتى؛
چۈنكى مەخلۇقلارنىڭ روھى چاقلىرىدا ئىدى. 21 مەخلۇقلار ماڭغاندا،
چاقلارمۇ ماڭاتتى؛ مەخلۇقلار توختىغاندا، چاقلارمۇ توختايتتى؛ ئۇلار
يەردىن كۆتۈرۈلگىنىدە، چاقلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ تەڭ كۆتۈرۈلەتتى؛
چۈنكى ھايات مەخلۇقلارنىڭ روھى چاقلاردا ئىدى.
22 ھايات مەخلۇقلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدە بىر يوغان كۆز يەتكۈسىز
گۈمبەزگە ئوخشايدىغان بىر نەرسە تۇراتتى؛ ئۇ خرۇستالدەك

---

**16:1** **«...چاقنىڭ ئىچىدە چاق باردەك ئىدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...بىر چاق يەنە بىر چاق بىلەن گىرەلەشكەن ئىدى».

**16:1** ئەز. 10:9، 10

**18:1** ئەز. 12:10

**19:1** ئەز. 16:10

**20:1** **«روھ نەگە ماڭ دېسە، ئۇلار شۇ يەرگە ماڭاتتى...»** ــ «روھ» مۇشۇ يەردە بەلكىم خۇدانىڭ روھىنى كۆرسىتىدۇ.

دەھشەتلىك پارقىراپ، ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە يېيىلىپ تۇراتتى.
[23] بۇ گۈمبەزدەك نەرسىنىڭ ئاستىدا ئۇلارنىڭ قاناتلىرى كېرىلىپ، بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇراتتى؛ ھەربىر مەخلۇقنىڭ ئۆز تېنىنىڭ ئىككى يېنىنى ياپىدىغان ئىككىدىن قانىتى بار ئىدى.
[24] ئۇلار ماڭغاندا، مەن قاناتلىرىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدىم ــ ئۇ ئۇلۇغ سۇلارنىڭ شارقىرىغان ساداسىدەك، ھەممىگە قادىرنىڭ ئاۋازىدەك ــ قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلىۋاتقان چاغدىكى سۈرەن-شاۋقۇنلىرىنىڭ ساداسىدەك ئىدى؛ ئۇلار توختاپ تۇرغان چاغلاردا، ئۇلار قاناتلىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرەتتى. [25] ۋە ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدىكى گۈمبەزدەك نەرسە ئۈستىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار توختاپ تۇرغان چاغلاردا، ئۇلار قاناتلىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرەتتى.
[26] ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدىكى گۈمبەزدەك نەرسە ئۈستىدە، كۆك ياقۇت كەبى بىر تەختنىڭ سىماسى تۇراتتى؛ بۇ تەخت سىماسىنىڭ ئۈستىدە، تولىمۇ يۇقىرىدا، ئىنسان قىياپىتىدە كۆرۈنگەن بىر زات تۇراتتى. [27] ۋە مەن بۇ زاتنى بېلىنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ تۇرقى مىستەك پارقىرىغان، ئەتراپىنى ئوت ئوراپ تۇرغان قىياپەتتىكى بىر كۆرۈنۈشتە كۆردۈم؛ ۋە بېلىنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ تۇرقى، ئوتنىڭ قىياپىتىدە ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۈچلۈك يورۇقلۇق تۇراتتى. [28] بۇ ئەتراپىدا تۇرغان كۈچلۈك يورۇقلۇقنىڭ كۆرۈنۈشى بولسا، يامغۇرلۇق كۈندىكى بۇلۇتتا پەيدا بولغان ھەسەن-ھۈسەننىڭ كۆرۈنۈشىدەك ئىدى. بۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپىنىڭ قىياپىتىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇنى

---

22:1 **«بىر يوغان كۆز يەتكۈسىز گۈمبەز»** ــ بۇ گۈمبەز 26-ئايەت بويىچە خۇدانىڭ تەختىنىڭ ئۇلىنى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇ خرۇستالدەك دەھشەتلىك پارقىراپ»** ــ ياكى «ئۇ مۇزسىمان دەھشەتلىك پارقىراپ...».

23:1 **«ھەربىر مەخلۇقنىڭ ئۆز تېنىنىڭ ئىككى يېنىنى ياپىدىغان ئىككىدىن قانىتى بار ئىدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھەربىر مەخلۇقنىڭ ياپقۇچى ئىككى قانىتى بار ئىدى» ــ دېمەك، ھەربىرىنىڭ تېنىنى ياپىدىغان ئىككى قانىتى بار ئىدى.
ــ بىزنىڭ تەرجىمىمىز بويىچە، بىر يۆنىلىشكە ئۇچقاندا، قاناتلىرىدىن ئىككىسىنى ئىشلىتىدۇ، يەنە بىر يۆنىلىشكە ئۇچقاندا، باشقى ئىككى قانىتىنى ئىشلىتىدۇ.

كۆرۈپلا مەن دۈم يىقىلدىم؛ ۋە مەن سۆزلەۋاتقان بىرسىنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلىدىم.

## ئەزاكىيالنىڭ ۋەزىپىسى

2 [1] ۋە ئۇ ماڭا: ئى ئىنسان ئوغلى، ئورنۇڭدىن دەس تۇر، ۋە مەن ساڭا
سۆز قىلىمەن، ــ دېدى.
[2] ئۇ ماڭا سۆز قىلغاندا، روھ ماڭا كىرىپ، مېنى دەس تۇرغۇزدى؛ ۋە
مەن ماڭا سۆز قىلغۇچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. [3] ۋە ئۇ ماڭا: ــ
«ئى ئىنسان ئوغلى، مەن سېنى ئىسرائىل بالىلىرىغا، يەنى ماڭا
ئاسىيلىق قىلغان ئاسىي «يات ئەللەر»گە ئەۋەتىمەن؛ بۈگۈنگە قەدەر
ھەم ئۇلار ھەم ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ماڭا يۈز ئۆرۈپ ئاسىيلىق قىلىپ
كەلمەكتە»، ــ دېدى.
[4] ــ «بۇ بالىلار بولسا نومۇسسىز ۋە كۆڭلى قاتتىقتۇر؛ مەن سېنى ئۇلارغا
ئەۋەتىمەن؛ سەن ئۇلارغا: «رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ!» ــ دېگىن ــ
[5] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەيلى قۇلاق سالسۇن، سالمىسۇن (چۈنكى ئۇلار

---

28:1 **«بۇ ئەتراپىدا تۇرغان كۈچلۈك يورۇقلۇقنىڭ كۆرۈنۈشى بولسا، يامغۇرلۇق كۈندىكى بۇلۇتتا پەيدا بولغان ھەسەن-ھۈسەننىڭ كۆرۈنۈشىدەك ئىدى»** ــ بۇ سۆزلەر، بەلكىم بۇ كۈچلۈك نۇرنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ ئەتراپىدا چەمبەرسىمان شەكىلدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**28:1** دان. 9:10

2:2 **«ئۇ ماڭا سۆز قىلغاندا، روھ ماڭا كىرىپ، مېنى دەس تۇرغۇزدى»** ــ «روھ»، مۇشۇ يەردە شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ روھىنى كۆرسىتىدۇ.

**2:2** ئەز. 3:24؛ دان. 10:10

3:2 **«ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئاسىي «يات ئەللەر»»** ــ مۇشۇ يەردە «يات ئەللەر» كىنايىلىك گەپ بولۇپ، شۈبھىسىزكى «ئىسرائىل» (شىمالىي پادىشاھلىق) ۋە يەھۇدا (جەنۇبىي پادىشاھلىق) دېگەن ئىككى ئەلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار خۇداغا «يات»، ئۇلار چەتئەللىكلەردەك بۇتقا چوقۇندى. «ئىسرائىل» (شىمالىي پادىشاھلىق) 125 يىل ئىلگىرى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن بولغانىدى. ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى غۇلىغاندىن كېيىن، بەلكىم سۈرگۈن بولغان كۆپ ئىسرائىللار بابىلدا قېلىپ، سۈرگۈن بولغان «يەھۇدا»دىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ بىر بولۇپ كەتكەن.

**3:2** يەر. 25:3

**ئاسىيلىق قىلىدىغان بىر جەمەت) ــ ئۆزلىرى ئارىسىدا ھەقىقىي بىر
پەيغەمبەرنىڭ تۇرغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.
[6] ئەمدى سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، گەرچە ساڭا تىكەن-جىغانلار ھەمراھ
بولسىمۇ، ۋە سەن چايانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرساڭمۇ، ئۇلاردىن قورقما،
ۋە سۆزلىرىدىنمۇ قورقما؛ شۇنداق، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن قورقما،
ۋە زەردىلىك قاراشلىرىدىن دەككە-دۈككىگە چۈشمە؛ چۈنكى ئۇلار
ئاسىي بىر جەمەتتۇر. [7] سەن ئۇلار تىڭشىسۇن، تىڭشىمىسۇن مېنىڭ
سۆزلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈز؛ چۈنكى ئۇلار ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردۇر.
[8] ۋە سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، ساڭا ئېيتقان سۆزلىرىمگە قۇلاق سال؛
بۇ ئاسىي جەمەتتەك تەتۈر بولمىغىن؛ ئاغزىڭنى ئېچىپ، مەن ساڭا
بەرگىنىمنى يېگىن».
[9] ــ مەن قارىسام، مانا ماڭا سوزۇلغان بىر قول تۇرۇپتۇ؛ ۋە مانا، ئۇنىڭدا
بىر ئورام يازما تۇرۇپتۇ. [10] ئۇ كۆز ئالدىمدا ئۇنى ئېچىپ يېيىپ قويدى؛
ئۇنىڭ ئالدى-كەينىنىڭ ھەممە يېرىگە خەت يېزىلغانىدى؛ ئۇنىڭغا
يېزىلغانلىرى مەرسىيە، ماتەم سۆزلىرى ۋە دەرد-ئەلەملەردىن ئىبارەت
ئىدى.**

---

**5:2** ئەز. 33:33

**6:2 «گەرچە ساڭا تىكەن-جىغانلار ھەمراھ بولسىمۇ، ۋە سەن چايانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرساڭمۇ،...»** ــ «تىكەن-جىغانلار» ۋە «چايانلار» دېگەنلەر شۈبھىسىزكى، ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ.

**6:2** يەر. 8:1، 17؛ ئەز. 9:3؛ لۇقا 4:12؛ 1پېت. 1:3

**8:2** ۋەھ. 9:10

**10:2 «ئۇ كۆز ئالدىمدا ئۇنى ئېچىپ يېيىپ قويدى؛ ئۇنىڭ ئالدى-كەينىنىڭ ھەممە يېرىگە خەت يېزىلغانىدى»** ــ ئادەتتە، «ئورام يازمىلار»دا پەقەت ئىچىدىلا خەت يېزىقلىق بولاتتى. ئالىملارنىڭ بۇ ئورام يازمىنىڭ «ئالدى-كەينى»گە خەت يېزىلغانلىقى توغرۇلۇق ھەرخىل پىكرى بار. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بىر ئەھمىيىتى شۇكى، خۇدانىڭ ساپ سۆزلىرىگە ھېچكىمنىڭ قوشۇمچە سۆزلەرنى يېزىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى؛ بىزنىڭچە، بۇ ئىش يەنە خۇدانىڭ ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغان سۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

3 [1] ۋە ئۇ ماڭا: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، ئېرىشكىنىڭنى يېگىن؛ بۇ
يازمىنى يەپ، بېرىپ ئىسرائىل جەمەتىگە سۆز قىلغىن، دېدى.
[2] شۇنىڭ بىلەن مەن ئاغزىمنى ئاچتىم، ئۇ ماڭا يازمىنى يېگۈزدى. [3] ئۇ
ماڭا: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، قورسىقىڭنى توق قىلىپ، ئىچى-باغرىڭنى
مەن ساڭا بەرگەن بۇ ئورام يازما بىلەن تولدۇرغىن، ــ دېدى. شۇنىڭ
بىلەن مەن يېدىم، ئاغزىمدا ئۇ ھەسەلدەك تاتلىق ئىدى. [4] ۋە ئۇ ماڭا
مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسان ئوغلى، بارغىن، ئىسرائىل جەمەتىگە
بارغىن، مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈزگىن. [5] چۈنكى سەن غەيرىي
يېزىقتىكى ياكى تىلى تەس بىر ئەلگە ئەمەس، بەلكى ئىسرائىل
جەمەتىگە ئەۋەتىلدىڭ؛ [6] ــ غەيرىي يېزىقتىكى ھەم تىلى تەس،
سۆزلىرىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان كۆپ ئەللەرگە ئەۋەتىلمىدىڭ؛
مەن سېنى شۇلارغا ئەۋەتكەن بولسام، ئۇلار ساڭا قۇلاق سالاتتى!
[7] بىراق ئىسرائىل جەمەتى ساڭا قۇلاق سالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ
ھېچبىرى ماڭا قۇلاق سېلىشنى خالىمايدۇ؛ چۈنكى پۈتۈن ئىسرائىل
جەمەتىنىڭ قاپىقى توك ۋە كۆڭلى قاتتىقتۇر. [8] مانا، مەن يۈزۈڭنى
ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قارشى تاشتەك، ۋە سېنىڭ پېشانەڭنى ئۇلارنىڭ
پېشانىلىرىغا قارشى تاشتەك قىلدىم. [9] بەرھەق، سېنىڭ پېشانەڭنى
چاقماق تېشىدىن قاتتىق، ھەتتا ئالماستەك قىلدىم. ئۇلاردىن قورقما،
ۋە ئۇلار تۈپەيلىدىن دەككە-دۈككىگە چۈشمە؛ چۈنكى ئۇلار ئاسيي بىر
جەمەتتۇر».
[10] ۋە ئۇ ماڭا: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، مېنىڭ ساڭا ئېيتماقچى بولغان
ھەممە سۆزلىرىمنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ قويغىن، ئۇلارنى كۆڭۈل
قويۇپ ئاڭلىغىن. [11] ۋە ھازىر بارغىن، سۈرگۈن بولغانلارغا، يەنى ئۆز

---

**1:3** يەر. 16:15؛ 8:2؛ ۋەھ. 9:10

**3:3** زەب. 19:10-11؛ 119:103؛ ۋەھ. 10:10

**4:3** يەر. 1:17

**8:3** يەر. 1:18؛ مىك. 3:8

**9:3** يەر. 1:17،8؛ 5:3؛ ئەز. 2:6؛ 1پېت. 3:14

ئىلىگىدىكىلەرگە سۆز قىل، ئۇلار ئاڭلىسۇن، ئاڭلىمىسۇن ئۇلارغا: «رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ!» ــ دېگىن! ــ دېدى.
[12] شۇنىڭ بىلەن روھ مېنى كۆتۈردى، مەن ئارقامدىن زور شارقىرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم ــ «پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپىگە تەشەككۇر-مەدھىيە ئۆز جايلىرىدا ئوقۇلسۇن!» ــ
[13] ــ هايات مەخلۇقلارنىڭ قاناتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشكەن ئاۋازى، ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىكى چاقلارنىڭ ئاۋازلىرى بەھەيۋەت شارقىراق بىر سادا ئىدى. [14] ۋە روھ مېنى كۆتۈرۈپ، يىراققا ئاپاردى؛ ۋە مەن قاتتىق ئازاب، روھىمدىكى غەزەپ بىلەن باردىم، ۋە پەرۋەردىگارنىڭ قولى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا كۈچلۈك ئىدى. [15] شۇنىڭ بىلەن مەن تەل-ئابىب شەھىرىدە سۈرگۈن بولغانلار، يەنى كېۋار دەرياسى بويىدا تۇرغانلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدىم؛ مەن ئۇلار تۇرغان جايدا ئولتۇردۇم؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەتتە كۈن ھاڭ-تاڭ قېتىپ ئولتۇردۇم.
[16] مانا يەتتە كۈن توشۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[17] «ئى ئىنسان ئوغلى، مەن سېنى ئىسرائىل جەمەتى ئۈچۈن كۆزەتچى قىلىپ تىكلىدىم؛ سەن مېنىڭ ئاغزىمدىن سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا مەندىن بولغان ئاگاھنى يەتكۈزگىن.
[18] مەن رەزىللەرگە: «سەن جەزمەن ئۆلىسەن» ــ دېسەم، بىراق سەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرمىساڭ ــ يەنى بۇ رەزىل ئادەمنى هاياتقا ئېرىشسۇن

**11:3** ئەز. 2:5، 7
**12:3** **«شۇنىڭ بىلەن روھ مېنى كۆتۈردى،...»** ــ «روھ»، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ روھى.
**12:3** ئەز. 8:3
**14:3** **«مەن قاتتىق ئازاب، روھىمدىكى غەزەپ بىلەن باردىم،...»** ــ ئەزاكىيالنىڭ دەرد-ئەلىمى ۋە روھىنىڭ ئاچچىقلىقى نېمە ئۈچۈن؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆز خەلقىنىڭ قاتتىق كۆڭۈللۈكلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئىنتايىن ئازابلانغان ۋە ئۇلارنىڭ خۇداغا بولغان ۋاپاسىزلىقىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن.
**15:3** ئايۇپ 13:2
**17:3** يەش. 6:62؛ ئەز. 7:33؛ 1تىم. 1:3

**دەپ رەزىل يولىدىن ياندۇرۇپ، ئۇنى ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ**
**ئاگاھلاندۇرمىساڭ، شۇ رەزىل ئادەم ئۆز قەبىھلىكىدە ئۆلىدۇ؛ بىراق**
**مەن ئۇنىڭ قېنى ئۈچۈن سەندىن ھېساب ئالىمەن.**
**[19] بىراق سەن ئاشۇ رەزىل ئادەمنى ئاگاھلاندۇرساڭمۇ، ئۇ رەزىللىكىدىن،**
**يەنى ئۆز رەزىل يولىدىن يانمىسا، ئۇ ئۆز قەبىھلىكىدە ئۆلىدۇ؛ لېكىن**
**سەن ئۆز جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قالىسەن.**
**[20] ياكى بولمىسا بىر ھەققانىي ئادەم ئۆز ھەققانىيلىقىدىن يېنىپ،**
**قەبىھلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا چوماق سالسام، ئۇ**
**ئۆلىدۇ؛ چۈنكى سەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرمىدىڭ، ئۇ ئۆز گۇناھىدا ئۆلىدۇ،**
**ۋە ئۇ قىلغان ھەققانىي ئىشلار ئەسلەنمەيدۇ؛ بىراق ئۇنىڭ قېنى**
**ئۈچۈن سەندىن ھېساب ئالىمەن. [21] ۋە ئەگەر سەن ھەققانىي ئادەمنى**
**گۇناھ سادىر قىلما دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرساڭ، ۋە ئۇ گۇناھ سادىر**
**قىلمىسا، ئۇ چاغدا ئۇ جەزمەن ھايات قالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاگاھقا**
**كۆڭۈل قويدى؛ شۇنىڭ بىلەن سەن ئۆز جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قالىسەن».**
**[22] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ قولى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا تۇراتتى؛ ئۇ ماڭا: ــ**

---

18:3 **«شۇ رەزىل ئادەم ئۆز قەبىھلىكىدە ئۆلىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇ ئىككى بىسلىق سۆز. بىرىنچى مەنىسى: «ئۇ ئۆز قەبىھلىكى تۈپەيلىدىن ئۆلىدۇ». ئىككىنچى مەنىسى: «ئۇ ئۆز قەبىھلىكى كەچۈرۈم قىلىنمىغان ھالدا ئۆلىدۇ» ــ دېمەك، ئۇ خۇدانىڭ دوستلۇقىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆلىدۇ. بىزنىڭچە ئىككىنچى ئىمكانىيەت بەلكىم توغرىدۇر. بەربىر ھەممىمىز ئۆلىمىز؛ بىراق خۇدادىن ئايرىلغان ھالدا ئۆلۈش، ھەقىقىي ھەم قورقۇنچلۇق ئۆلۈمدۇر.

**18:3** ئەز. 8:33

**20:3** ئەز. 24:18؛ 13:33،12

21:3 **«ئۇ چاغدا ئۇ جەزمەن ھايات قالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاگاھقا كۆڭۈل قويدى»** ــ بەزى ئالىملار، خۇدانىڭ بۇ سۆزىنى پەقەت جىسمانىي جەھەتتىكى «ئۆلۈم» ۋە «ھايات» دەپ قارايدۇ. خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىل بىلەن بېكىتكەن ئەھدىسى بويىچە، ئىسرائىللار ئۇنىڭ پەرمانلىرىدا يۈرگەن بولسا، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، كۆپ بەختلىك، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولىدۇ. بىراق بىز بۇ سۆزلەر بەلكىم جىسمانىي تەرەپتىن بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، روھىي تەرەپتىنمۇ ئېيتىلغان، دەپ قارايمىز. دېمەك، سۆزلەر مەڭگۈلۈك ھايات ۋە مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە قارىتىلغان. ئۇنداق بولمىسا ھەققانىي ئادەم توغرۇلۇق «ئۇنىڭ قىلغان ھەققانىي ئىشلىرى ئەسلەنمەيدۇ» دېگەن ئاگاھ سۆزنىڭ نېمە قورقۇنچلۇقى بولسۇن؟

ئورنۇڭدىن تۇر، تۈزلەڭلىككە بارغىن، مەن شۇ يەردە سەن بىلەن
سۆزلىشىمەن، ــ دېدى.
23 شۇنىڭ بىلەن مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تۈزلەڭلىككە چىقتىم؛ ۋە
مانا، مەن كېۋار دەرياسى بويىدا تۇرۇپ كۆرگەن شان-شەرەپتەك،
پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى شۇ يەردە تۇراتتى؛ كۆرۈپلا مەن دۈم يى
قىلدىم. 24 ۋە روھ ئىچىمگە كىرىپ مېنى تىك تۇرغۇزدى؛ ئۇ ماڭا
سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ــ «بارغىن، ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈڭنى بەند
قىلغىن. 25 ۋە سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، مانا، ئۇلار ئارغامچىلارنى
ئۈستۈڭگە سېلىپ، ئۇلار بىلەن سېنى باغلايدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن سەن
تالاغا چىقالماي، ئەل-يۇرت ئىچىگە ھېچ كىرەلمەيسەن. 26 شۇنداقلا
ئۇلارغا تەنبىھ بەرگۈچى بولماسلىقىڭ ئۈچۈن، مەن سېنى گاچا قىلىپ،
تىلىڭنى تاڭلىيىڭغا چاپلاشتۇرىمەن؛ چۈنكى ئۇلار ئاسىي بىر جەمە
تتۇر. 27 ۋە مەن سەن بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، ئاغزىڭنى ئېچىپ، سەن
ئۇلارغا: «رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ!» دەيسەن؛ كىم ئاڭلايمەن

**22:3 «ئۇ ماڭا: ـــ ئورنۇڭدىن تۇر، تۈزلەڭلىككە بارغىن، مەن شۇ يەردە سەن بىلەن سۆزلىشىمەن، ـــ دېدى»** ــ خۇدا ئەزاكىيال بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر خىلۋەت جاي («تۈزلەڭلىك» ياكى «جىلغا»)غا چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

**23:3** ئەز. 3:1

**24:3** ئەز. 2:2

**25:3 «ئۇلار ئارغامچىلارنى ئۈستۈڭگە سېلىپ، ئۇلار بىلەن سېنى باغلايدۇ»** ــ «ئۇلار» زادى كىم؟ باشقا ئايەتلەرگە قارىغاندا ئەزاكىيالنى «باغلىغانلار» ئەل-يۇرتتىكىلەر ئەمەس؛ شۇڭا بىز شۇنداق قارايمىزكى، بۇ «ئۇلار» پەرىشتىلەردىن ئىبارەت. خۇدا پەرىشتىلەر ئارقىلىق «غايىب ئارغامچىلار» ياكى «روھىي ئارغامچىلار» بىلەن ئەزاكىيال پەيغەمبەرنى ئورنىدىن تۇرالمايدىغان قىلىدۇ: 4-باب، 8-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

**26:3 «مەن سېنى گاچا قىلىپ، تىلىڭنى تاڭلىيىڭغا چاپلاشتۇرىمەن»** ــ بۇ «گاچىلىق» ئادەتتىكى گەپ-سۆزنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئارىلىقتا بەربىر خۇدا بەرگەن بېشارەتلەرنى ئېيتىش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. شۇڭا خۇدانىڭ مۇشۇ بۇيرۇقى بىلەن ئەزاكىيال خەقلەر بىلەن ھېچ سالاملاشمايتتى، ئادەتتىكىدەك گەپلەرنىمۇ قىلالمايتتى. بۇ گاچىلىق بەش يىلدىن كېيىن، 27:24-ئايەتتە تۈگەيدۇ.

**26:3** ئەز. 5:2

دېسە ئاڭلىسۇن، كىم ئاڭلىمايمەن دېسە ئاڭلىمىسۇن؛ چۈنكى ئۇلار
ئاسىي بىر جەمەتتۇر.

## يېرۇسالېمنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى

4 [1] ئەمدى سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، بىر كېسەكنى ئېلىپ ئۆز
ئالدىڭغا قويغىن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر شەھەرنى ــ يەنى
يېرۇسالېمنى ئويۇپ قويغىن. [2] ئاندىن ئۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ،
ئۇنىڭغا پوتەيلەرنى قۇرۇپ، سېپىلغا چىقىدىغان بىر دۆڭلۈك
ياساپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بارگاھلارنى تىكىپ ۋە سېپىلنى بۆسكۈچى
بازغانلارنى تىكلەپ قويغىن. [3] بىر تۆمۈر تاختىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزۈڭ
بىلەن شەھەرنىڭ ئارىسىغا تىكلە؛ يۈزۈڭنى ئۇنىڭغا قارىتىپ تىكلە؛
ئۇ مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ، سەن ئۆزۈڭ ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالىسەن؛
بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئىسرائىل جەمەتىگە بېشارەت بولىدۇ.
[4] ۋە سەن، سول يېنىڭغا يانپاشلاپ ياتقىن؛ ئىسرائىل جەمەتىنىڭ
قەبىھلىكىنى ئۆز ئۈستۈڭگە قوي؛ سولغا يانپاشلاپ قانچە كۈن
ياتساڭ، سەن شۇنچە كۈن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كۆتۈرىسەن. [5] مەن
ساڭا يېتىش كېرەك بولغان كۈنلەرنى ئۇلارنىڭ قەبىھلىك قىلغان

---

27:3 **«مەن سەن بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، ئاغزىڭنى ئېچىپ، سەن ئۇلارغا: «رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ!» دەيسەن...»** ــ بۇ ئىككى ئايەت (26-27)كە قارىغاندا، خۇدا ئۆزى پەيغەمبەرنىڭ «گاچىلىقى»نى گاھى-گاھى ئۈزىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەزاكىيال خەلققە سۆز قىلىدۇ. باشقا ۋاقىتلاردا ئۇ ھېچ گەپ قىلالمايتتى.

**27:3** ئەز. 2:5، 7

1:4 **«بىر كېسەكنى ئېلىپ ئۆز ئالدىڭغا قويغىن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر شەھەرنى ــ يەنى يېرۇسالېمنى ئويۇپ قويغىن»** ــ كېيىنكى ئايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ «كېسەك» يېرۇسالېم شەھىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ كېسەك بولۇش كېرەك ئىدى.

**2:4** 2پاد. 1:25

4:4 **«ئىسرائىل جەمەتىنىڭ قەبىھلىكىنى ئۆز ئۈستۈڭگە قوي»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئىسرائىل جەمەتى» بولسا، «شىمالىي پادىشاھلىق» (ئون قەبىلە ئىتتىپاقى)نى كۆرسىتىدۇ. 7-ئايەتتە «يەھۇدا» «جەنۇبىي پادىشاھلىق»نى كۆرسىتىدۇ.

يىللىرى بويىچە، يەنى ئۈچ يۈز توقسان كۈن قىلىپ بىكىتكەنمەن؛
شۇنىڭ بىلەن سەن ئىسرائىل جەمەتىنىڭ قەبىھلىكىنى كۆتۈرىسەن.
[6]بۇ كۈنلەر تۈگىگەندىن كېيىن، سەن يەنە ئوڭ يانپاشلاپ يېتىپ،
يەھۇدا جەمەتىنىڭ قەبىھلىكىنى كۆتۈرىسەن؛ سائا قىرىق كۈننى
بىكىتكەنمەن، ھەربىر كۈن بىر يىلنى ئىپادىلەيدۇ. [7]ۋە سەن
يۈزۈڭنى يېرۇسالېمنىڭ مۇھاسىرىسىگە قارىتىپ، يېڭىڭنى تۈرگەن
ھالدا، ئۇنى ئەيىبلەپ بېشارەت بېرىسەن؛ [8]ۋە مانا، مەن ئۈستۈڭگە
ئارغامچىلارنى سالىمەنكى، سەن مۇھاسىرىنىڭ كۈنلىرىنى
تۈگەتمىگۈچە ئۇيان-بۇيانغا ھېچ ئۆرۈلمەيسەن.
[9]ۋە سەن ئۆزۈڭگە بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، قىزىل ماش تېرىق ۋە قارا
بۇغدايلارنى ئېلىپ بىر ئىدىش ئىچىگە سال؛ ۋە بۇنىڭدىن ئۆزۈڭ
ئۈچۈن ئاماق تەييارلايسەن؛ سەن بۇنى يانپاشلاپ ياتقان كۈنلەردە،
يەنى ئۈچ يۈز توقسان كۈندە يەيسەن؛ [10]سەن يەيدىغان ئاماق بولسا
مىقدارى بويىچە ھەر كۈنى يىگىرمە شەكەلدىن بولۇشى كېرەك؛
سەن ئۇنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا يەيسەن؛ [11]ۋە ھەر كۈنى سۇنىمۇ
نورما بويىچە، يەنى ئالتىدىن بىر ھىن ئىچىسەن؛ ھەر كۈندىكى

5:4 چۆل. 34:14.

**6:4 «مەن سائا يېتىش كېرەك بولغان كۈنلەرنى .. ئۈچ يۈز توقسان كۈن قىلىپ بىكىتكەنمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سەن ئىسرائىل جەمەتىنىڭ قەبىھلىكىنى كۆتۈرىسەن؛ 5-ئايەت... كېيىن، سەن يەنە ئوڭ يانپاشلاپ يېتىپ، يەھۇدا جەمەتىنىڭ قەبىھلىكىنى كۆتۈرىسەن؛ سائا قىرىق كۈننى بىكىتكەنمەن، ھەربىر كۈن بىر يىلنى ئىپادىلەيدۇ»** — ئىسرائىلنىڭ 390 يىللىق جازانى ۋە يەھۇدانىڭ 40 يىللىق جازانى كۆرۈشى توغرۇلۇق قوشۇمچە سۆزىمىزنى كۆرۈڭ.

**8:4 «مانا، مەن ئۈستۈڭگە ئارغامچىلارنى سالىمەنكى، سەن مۇھاسىرىنىڭ كۈنلىرىنى تۈگەتمىگۈچە ئۇيان-بۇيانغا ھېچ ئۆرۈلمەيسەن»** — يەنە 3-باب، 25-ئايەتنى كۆرۈڭ. بۇ «ئارغامچىلار» كۆرۈنگەن ياكى غايىبتىن بولسۇن، ئەزاكىيالنىڭ سول يانجىلىپ ئاندىن ئوڭ يانجىلىپ يېتىشىغا ياردەم بەردى. بەلكىم كەچتە (كۆرۈۋاتقان خەلق ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن) ئۇ ئۆز مەيلىگە قويۇلغان.

**10:4 «يىگىرمە شەكەل»** — يەنى يېرىم قاداق — تەخمىنەن 230 گرام.

بەلگىلىگەن ۋاقىتلاردا ئىچىسەن.
[12] سەن ئۇنى ئارپا كۆمەچى شەكلىدە قىلىپ يەيسەن؛ سەن ئۇنى
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىنسان نىجاسىتى ئۈستىدە پىشۇرىسەن».
[13] پەرۋەردىگار: «ئىسرائىللار مەن ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىدىغان ئەللەر
ئارىسىدا تۇرۇپ شۇ ھارام يولدا ئۆز نېنىنى ھارام يەيدۇ» ــ دېدى.
[14] ئاندىن مەن: «ئى پەرۋەردىگار! مەن ئۆزۈمنى ھېچقاچان بۇلغاپ
قويمىدىم، ۋە ياشلىقىمدىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر مەن ئۆزى
ئۆلگەندىن، ياكى يىرتقۇچلار بوغۇپ قويغان نەرسىدىن ھېچ
يېمىگەنمەن؛ ھېچقانداق يىرگىنچلىك گۆشكە ئاغزىم تېگىپ
باقمىغان!» ــ دېدىم.
[15] ۋە ئۇ ماڭا: «مانا، مەن ساڭا ئىنساننىڭ نىجاسىتىنىڭ ئورنىغا
كالىنىڭ تېزىكىنى بەردىم؛ سەن نېنىڭنى شۇنىڭ ئۈستىدە
پىشۇرىسەن» ــ دېدى.

---

**11:4 «ئالتىدىن بىر ھىن»** ــ ئوندىن ئالتە لىتر ئەتراپىدا. **«ھەر كۈندىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا ئىچىسەن»** ــ دېمىسەكمۇ، بۇنداق يېمەك-ئىچمەك ئاچارچىلىقتا يۈزلەنگەن ئەھۋالدا بولىدۇ.

**13:4 «ئىسرائىللار مەن ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىدىغان ئەللەر ئارىسىدا تۇرۇپ شۇ ھارام يولدا ئۆز نېنىنى ھارام يەيدۇ»** ــ خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىللارغا چوڭ-كىچىك تەرەتلەر ھەردائىم ئادەمزات تۇرغان جايلاردىن نېرى قىلىنىشى كېرەك دەپ بۇيرۇغان (مەسىلەن، «قان.» 23:13-14). شۇڭا «ئىنسان نىجاستى ئوتىدا» تاماق ئېتىش مۇشۇ قانۇن بويىچە بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

**13:4** ھوش. 3:9.

**14:4 «مەن ئۆزۈمنى ھېچقاچان بۇلغاپ قويمىدىم... ھېچقانداق يىرگىنچلىك گۆشكە ئاغزىم تېگىپ باقمىغان»** ــ خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىللارغا بەزى گۆشلەر (مەسىلەن، چوشقا گۆشى)نى مەنئى قىلغان («لاۋ.» 11-باب، «قان.» 14-باب). ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىكىدىن ئۆلگەن، ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنىمۇ يېيىشكە بولمايتتى («لاۋ.» 22:8). ئەزاكىيال ئۆزى كاھىن بولغاچقا، مۇشۇ تەلەپلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق بولغان.

**15:4 «مەن ساڭا ئىنساننىڭ نىجاستىنىڭ ئورنىغا كالىنىڭ تېزىكىنى بەردىم»** ــ ئالىملار خۇدانىڭ مۇشۇ سۆزلىرى ئۈستىدە ئىككى خىل پىكىردە بولغان: (1) خۇدا ئەزاكىيال پەيغەمبەرگە بەرگەن بۇيرۇقنى سىلىقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا نىجاستىنىڭ ئورنىدا كالا تېزىكىنىڭ ئوتىدا (ھالال دەپ ھېسابلانغان) تاماق ئېتىشكە رۇخسەت قىلغان؛ (2) خۇدا پەيغەمبىرى ئۈچۈن مۆجىزە يارىتىپ، ئۇنىڭ نىجاستىنى كالا تېزىكىگە ئايلاندۇرغان؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھالال ھالدا تاماق يەيدىغان بولدى.

[16] ۋە ئۇ ماڭا: «ئى ئىنسان ئوغلى، مانا مەن يېرۇسالېمدا ئۇلارغا
يۆلەنچۈك بولغان ناننى قۇرۇتۇۋېتىمەن؛ ئۇلار ناننى تارازىغا سېلىپ،
ئۇنى تەشۋىش ئىچىدە يەيدۇ، سۇنى ئۆلچەم بىلەن ئالاقزىدىلىك
ئىچىدە ئىچىدۇ؛ [17] چۈنكى نان ۋە سۇ ئۇلاردىن قالىدۇ؛ ئۇلار بىر-بىرىگە
قارىشىپ دەھشەت باسىدۇ، ئۆز قەبىھلىكىدىن قۇرۇپ كېتىدۇ».

5 [1] «ۋە سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، ئۆزۈڭ ئۆتكۈر بىر قىلىچنى ئال؛
ئۇنى ئۇستىرا سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، چېچىڭ ۋە ساقىلىڭغا
سۈرتۈپ قوي؛ ئاندىن تارازىنى ئېلىپ ئالغان چاچلارنى تەڭ
بۆلگىن. [2] مۇھاسىرە كۈنلىرى تۈگىگەندە، ئۈچتىن بىرىنى شەھەر
ئىچىدە كۆيدۈرگىن؛ يەنە ئۈچتىن بىرىنى ئېلىپ شەھەر ئەتراپىغا
چېپىۋەتكىن؛ يەنە ئۈچتىن بىرىنى شامالغا سورۇۋەتكىن؛ مەن بىر
قىلىچنى سۇغۇرۇپ ئۇلارنى قوغلايمەن.
[3] سەن يەنە ئۇلاردىن بىرنەچچە تالنى ئېلىپ تونۇڭنىڭ پېشىگە تىقىپ
قويغىن؛ [4] بۇلاردىن يەنە نەچچە تالنى ئېلىپ ئوت ئىچىگە تاشلاپ

—بىزنىڭچە 2-پىكىر توغرىدۇر. چۈنكى شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ يۈرگەن يۇرتداشلار بۇنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ «ئاشنى هارام هالدا يېگەنلىكى»گە قاراپ ناهايىتى چۆچۈپ كېتەتتى. بولمىسا، پەيغەمبەرنىڭ ئادەمنى ئاگاهلاندۇرىدىغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى يوق بولاتتى.
**16:4 «مەن يېرۇسالېمدا ئۇلارغا يۆلەنچۈك بولغان ناننى قۇرۇتۇۋېتىمەن»** — سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا «مەن يېرۇسالېمدا «نان بولغان هاسا»نى سۇندۇرۇۋېتىمەن». «يۆلەنچۈك» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا ئادەتتە «تاياق» ياكى «هاسا»نى بىلدۈرىدۇ. مۇمكىنچىلىكى باركى، قەدىمكى زامانلاردا يەھۇدىي خەلقى ئۆز نانلىرىنى بىر تاياقتا (زىخقا تىزىلغاندەك) كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. هەرهالدا ئومۇمىي مەنىسى بىزنىڭ تەرجىمە قىلغىنىمىزدەك بولىدۇ.
**16:4** لاۋ. 26:26؛ يەش. 1:3؛ ئەز. 16:5؛ 13:14
**1:5 «...ئۇنى ئۇستىرا سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، چېچىڭ ۋە ساقىلىڭغا سۈرتۈپ قوي»** — چاچلارنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ ئۆزى ماتەم تۇتۇشنى بىلدۈرەتتى.
**3:5 «...تونۇڭنىڭ پېشىگە تىقىپ قويغىن»** — ئىسرائىللارنىڭ تونلىرىنىڭ پېشىدە خۇدانىڭ ئەمرلىرىنى ئەسلىتىدىغان چۇچىلار بار ئىدى («چۆل.» 38:15-39نى كۆرۈڭ). خۇدا بۇ ئەمرى بىلەن ئەزاكىيالغا: «كىملەر مېنىڭ ئەمرلىرىم ئىچىدە يۈرىدىغان بولسا، مېنىڭ سۆزلىرىم ئۇنى ساقلايدۇ»

**كۆيدۈرۈۋەتكىن؛ بۇلاردىن پۈتۈن ئىسرائىل جەمەتىگە ئوت تۇتىشىپ
كېتىدۇ».
5 رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، بۇ يېرۇسالېم؛ مەن ئۇنى
ئەللەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇردۇم؛ باشقا مەملىكەتلەر ئۇنىڭ
ئۆپچۆرىسىدە تۇرىدۇ؛ 6 بىراق ئۇ مېنىڭ ھۆكۈملىرىمگە قارشىلىشىپ
رەزىللىكتە ئەللەردىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، بەلگىلىمىلىرىمگە
قارشىلىشىشتا ئۆپچۆرىسىدىكى مەملىكەتلەردىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى؛
چۈنكى مېنىڭ ھۆكۈملىرىمنى ئۇلار رەت قىلدى، مېنىڭ
بەلگىلىمىلىرىم بولسا، ئۇلاردا ئاقمايدۇ.
7 شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ چۈنكى سىلەر
ئۆپچۆرەڭلەردىكى ئەللەردىنمۇ بەكرەك باشباشتاقلىق قىلغانلىقىڭ-
لاردىن، مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمدە ماڭماسلىقىڭلاردىن ۋە
ھۆكۈملىرىمنى تۇتماسلىقىڭلاردىن، ھەتتا ئۆپچۆرەڭلەردىكى
ئەللەرنىڭ ھۆكۈملىرىدىمۇ ماڭماسلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، 8 ئەمدى
رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مانا، مەن ئۆزۈمكى ساڭا
قارشىمەن، ئى يېرۇسالېم؛ سېنىڭ ئاراڭغا ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا
جازالارنى يۈرگۈزىمەن؛ 9 ۋە سېنىڭ بارلىق يىرگىنچلىكلىرىڭ
تۈپەيلىدىن ئاراڭدا ئۆزۈم قىلىپ باقمىغان ھەمدە كەلگۈسى
ئىككىنچى قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمەن.
10 شۇنىڭ بىلەن ئاتىلار ئۆز بالىلىرىنى يەيدىغان بولىدۇ، بالىلار ئۆز
ئاتىلىرىنى يەيدىغان بولىدۇ؛ ۋە مەن ساڭا جازالارنى يۈرگۈزىمەن،
ۋە سېنىڭ بارلىق قالغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ھەر تەرەپتىن**

---

دېگەندەك ئېيتقان بولسا كېرەك.

5:5 **«مەن ئۇنى ئىسرائىلنى ئەللەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇردۇم؛ باشقا مەملىكەتلەر ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە تۇرىدۇ»** ــ خۇدانىڭ بۇنىڭدا ئىسرائىلغا بولغان مەقستى، «يات ئەللەر» ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خۇدا ئىكەنلىكىنى، ھەققانىيلىقىنى، مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسۈن دېگەنلىكتۇر. بىراق ئىسرائىل ئەللەرگە شۇنداق بىر ئۈلگە بولمىدى. ھازىر ئۇلار «يات ئەللەر»گە خۇدانىڭ جازاسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە بىر مىسال بولىدۇ.

**7:5** لاۋ. 24،28:18.

**چىققان شامالغا سورۇۋېتىمەن.**
**11 شۇڭا، مەن ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ رەب**
**پەرۋەردىگار ــ چۈنكى سەن مېنىڭ مۇقەددەس جايىمنى ئۆزۈڭنىڭ**
**بارلىق لەنەتلىك نەرسىلىرىڭ ھەم بارلىق يىرگىنچلىكلىرىڭ بىلەن**
**بۇلغىغىنىڭ تۈپەيلىدىن، بەرھەق، مەن سىلەرنى قىرغىن قىلىمەن؛**
**كۆزۈم ساڭا رەھىم قىلمايدۇ، ئىچىمنىمۇ ساڭا ئاغرىتمايمەن.**
**12 شەھەردىكىلەردىن ئۈچتىن بىر قىسمى ۋابا كېسىلى بىلەن**
**ئۆلىدۇ ھەمدە ئاراڭلاردا بولىدىغان ئاچارچىلىقتىن بېشىنى**
**يەيدۇ؛ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆپچۆرەڭلەردە قىلىچلىنىدۇ؛ ۋە**
**مەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ھەر تەرەپتىن چىققان شامالغا**
**سورۇۋېتىمەن، ئاندىن بىر قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئۇلارنى**
**قوغلايمەن. 13 شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ غەزىپىم بېسىقىدۇ، مېنىڭ**
**قەھرىمنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈپ قونغۇزۇپ، پىغاندىن**
**چىقىمەن؛ مەن ئۆز قەھرىمنى ئۇلار ئۈستىگە تۆكۈپ تۈگەتكەندىن**
**كېيىن، ئۇلار مەن پەرۋەردىگارنىڭ رەزىللىككە چىدىمايدىغان**
**ئوتۇمدىن سۆز قىلغانلىقىمنى تونۇپ يېتىدۇ.**
**14 ۋە مەن سېنىڭ ئۆپچۆرەڭدىكى ئەللەر ئارىسىدا ھەمدە ئۆتۈپ**

---

**10:5** لاۋ. 26:29؛ قان. 28:53؛ 2پاد. 6:29؛ يىغ. 4:10

**11:5 «مەن سىلەرنى قىرغىن قىلىمەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەن سېنى قىرقىۋېتىمەن» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئەزاكىيالنىڭ سىمۋوللۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن باغلىق (1-ئايەت). باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «كۆزۈم ساڭا ئۆرۈلۈپ قارىمايدۇ».

**11:5** ئەز. 7:4

**12:5 «شەھەردىكىلەردىن ئۈچتىن بىر قىسمى ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلىدۇ ھەمدە ئاراڭلاردا بولىدىغان ئاچارچىلىقتىن بېشىنى يەيدۇ... ئاندىن بىر قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئۇلارنى قوغلايمەن»** ــ بۇ ئايەت ئەزاكىيالنىڭ (1-4-ئايەتتىكى) سىمۋوللۇق ھەرىكەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، (1-ئايەتتە) ئەزاكىيال شەھەرگە سالغان «ئوت»، «ۋابا كېسىلى ھەم ئاچارچىلىق»قا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**12:5** يەر. 15:2

**13:5 «رەزىللىككە چىدىمايدىغان ئوتۇم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھەسىتىم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆز ئالدىدا سېنى ۋەيرانە قىلىمەن ۋە مەسخىرە
ئوبيېكتى قىلىمەن؛ [15] سېنىڭ ئۈستۈڭگە غەزەپ ھەم قەھر ۋە قەھرلىك
ئەيىبلەر بىلەن جازالارنى يۈرگۈزگىنىمدە سەن ئۆپچۆرەڭدىكى ئەللەرگە
خورلۇق ۋە تاپا-تەنىنىڭ ئوبيېكتى، بىر ئىبرەت ھەم ئالاقزادىلىك
چىقارغۇچى بولىسەن؛ چۈنكى مەن پەرۋەردىگار شۇنداق سۆز قىلدىم!
[16] مەن ئۇلارغا ھالاكەت ئېلىپ كەلگۈچى، ئاچارچىلىق زەھەرلىك
ئوقلىرىنى ياغدۇرغىنىمدا، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ئاچارچىلىقنى
كۈچەيتىمەن، ۋە يۆلەنچۈك بولغان نېنىڭنى قۇرۇتۇۋېتىمەن.
[17] ۋە ئۈستۈڭلارغا ئۆز باللىرىڭلارنى ئۆزۈڭلاردىن جۇدا قىلىدىغان
ئاچارچىلىق ھەم يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئەۋەتىمەن؛ ۋابا كېسەللىرى ۋە قان
تۆككۈچىلەر ئاراڭلارغا يامراپ كېتىدۇ؛ ئۈستۈڭلارغا قىلىچ چۈشۈرىمەن؛
مەنكى پەرۋەردىگار سۆز قىلدىم!».

## ئىسرائىل تاغلىرىغا قارىتىلغان بېشارەت

6 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىلنىڭ تاغلىرىغا يۈزۈڭنى قارىتىپ
ئۇلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەپ بېشارەت بەرگىن: ــ
[3] «ئىسرائىلنىڭ تاغلىرى، رەب پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قويۇڭلار:
رەب پەرۋەردىگار تاغلار ۋە ئېگىزلىكلەرگە، ۋادىلار ۋە جىلغىلارغا
مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئۈستۈڭلارغا بىر قىلىچنى چۈشۈرۈپ،
«يۇقىرى جاي»لىرىڭلارنى ۋەيران قىلىمەن. [4] شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ

15:5 قان. 37:28

16:5 «... يۆلەنچۈك بولغان نېنىڭنى قۇرۇتۇۋېتىمەن» ــ ئىبرانىي تىلىدا «نان بولغان ھاساڭ»نى سۇندۇرۇۋېتىمەن»؛ 4-باب، 16-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

16:5 لاۋ. 26:26؛ 2پاد. 25:6؛ يەش. 1:3؛ ئەز. 16:4؛ 13:14

17:5 لاۋ. 22:26

2:6 ئەز. 1:36

3:6 ««يۇقىرى جاي»لىرىڭلارنى ۋەيران قىلىمەن» ــ «يۇقىرى جايلار» ــ ئىسرائىل ۋە يەھۇدا ئۆزۈندىن بېرى تاغ چوققىلىرى قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ھەتتا ئاشۇ

**قۇربانگاھلىرىڭلار ۋەيرانە بولىدۇ، «كۈن تۈۋرۈك»لىرىڭلار بۇزۇلىدۇ؛
سىلەردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى بۇتلىرىڭلارنىڭ ئالدىغا تاشلايمەن.
[5] ئىسرائىللاردىن بولغان ئۆلۈكلەرنى ئۆز بۇتلىرى ئالدىغا ياتقۇزىمەن؛
قۇربانگاھلىرىڭلار ئەتراپىغا ئۇستىخانلىرىنى چېچىۋېتىمەن.
[6] سىلەر تۇرغان بارلىق جايلاردا شەھەرلەر يەر بىلەن يەكسان قىلىنىدۇ،
«يۇقىرى جايلار» ۋەيرانە بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن قۇربانگاھلىرىڭلار
ھالاك بولىدۇ، بۇتلىرىڭلار چېقىلىپ يوقىلىدۇ، «كۈن تۈۋرۈك»لىرىڭلار
كېسىلىپ غۇلىتىلىدۇ، ۋە ھەممە ياسىغىنىڭلار يوق قىلىۋېتىلىدۇ؛ [7] ۋە
ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئاراڭلاردا يىقىلىشى بىلەن، سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر.
[8] بىراق مەن سىلەردىن بىر قالدىنى قالدۇرىمەن؛ چۈنكى يات
مەملىكەتلەرگە تارقىتىۋېتىلگىنىڭلاردا، سىلەردىن ئەللەر ئارىسىدا
قىلىچتىن قۇتۇلۇپ قالغانلار بولىدۇ. [9] ۋە سىلەردىن قىلىچتىن قۇتۇلۇپ
قالغانلار سۈرگۈن قىلىنغان مەملىكەتلەردە مەندىن يانغان ۋاپاسىز
قەلبلىرى ۋە بۇتلىرىغا پاھىشىۋازلاردەك ھەۋەس قىلغان كۆزلىرى
بىلەن باغرىمنى پارە-پارە قىلغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ؛ شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار قىلغان رەزىللىكلىرى ھەم يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى
تۈپەيلىدىن ئۆز-ئۆزلىرىدىن نەپرەتلىنىدۇ. [10] ۋە ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ؛ مەن مۇشۇ كۈلپەتنى سىلەرنىڭ
بېشىڭلارغا چۈشۈرىمەن دېگەنلىكىم بىكاردىن-بىكار ئەمەس».**

جايلاردا «ئىنسان قۇربانلىق»لارنى قىلىپ كەلگەن (21:16، 26:20 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ).

4:6 **««كۈن تۈۋرۈك»لىرىڭلار بۇزۇلىدۇ»** — «كۈن تۈۋرۈكلىرى» ياكى «قۇياش بۇتلىرى» دېگەننىڭ باشقا بىر تەرجىمىسى «ئىسرىقگاھلار».

5:6 **«... ئۆلۈكلەرنى ئۆز بۇتلىرى ئالدىغا ياتقۇزىمەن؛ قۇربانگاھلىرىڭلار ئەتراپىغا ئۇستىخانلىرىنى چېچىۋېتىمەن»** — شۇ چاغدىكى بۇتپەرەسلەر: «قۇربانگاھ»لىرىمىز جەسەتلەر ياكى ئادەم ئۇستىخانلىرىغا تېگىشى بىلەن «بۇلغىنىپ»، «ھارام» بولغان،شۇڭا ئۇنى قايتىدىن ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى

6:6 **««كۈن تۈۋرۈكلىرى»** — ياكى «قۇياش بۇتلىرى» دېگەننىڭ باشقا بىر تەرجىمىسى «ئىسرىقگاھلار».

[11] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «ئالقىنىڭنى-ئالقىنىڭغا
ئۇرۇپ، پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن: «ئىسرائىل جەمەتىنىڭ بارلىق
قەبىھ، يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى ئۈچۈن ۋاي! چۈنكى ئۇلار قىلىچ،
ئاچارچىلىق ۋە ۋابا كېسىلى بىلەن يىقىلىدۇ» ــ دېگىن!
[12] يىراقتا تۇرغان ۋابادىن ئۆلىدۇ؛ يېقىندا تۇرغان قىلىچ بىلەن
يىقىلىدۇ؛ ھەم تىرىك قالغان، يەنى مۇھاسىرىگە چۈشكەن كىشى
ئاچارچىلىقتىن ئۆلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئۇلارغا بولغان قەھرىمنى
چۈشۈرۈپ پىغاندىن چىقىمەن. [13] ئەمدى ئۇلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۆز
بۇتلىرى ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرى ئەتراپىدا، ئۆز بۇتلىرىغا
خۇشبۇي ياققان ھەر بىر ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە، تاغ چوققىلىرىدا،
بارلىق يېشىل دەرەخ ۋە باراقسان دۇب ئاستىدا ياتقان چاغدا، ئۇلار
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ. [14] ۋە مەن ئۆز
قولۇمنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سوزىمەن، ئۇلار ھەر تۇرغان جايلىرىدا
زېمىننى دىبلاتتىكى چۆل-باياۋاندىن بەتتەر ۋەيران قىلىۋېتىمەن.
ئاندىن ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ».

11:6 **«... ئالقىنىڭنى-ئالقىنىڭغا ئۇرۇپ، پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن»** ــ مۇشۇ ھەرىكەتلەر مۇشۇ يەردە كىشىنىڭ كۆڭلىنىڭ ئازابلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

**11:6** ئەز. 22:21

13:6 **«يېشىل دەرەخ ۋە باراقسان دۇب ئاستىدا...»** ــ ئىسرائىللار مۇشۇ جايلاردا ئۆلگۈچىلەرنى دەپنە قىلاتتى (مەسىلەن، «يار.» 8:35). مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇلار كېيىنرەك مۇشۇ جايلارنى «تاۋاپگاھ»غا ئايلاندۇرۇپ، شۇ يەردە ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىغا دۇئا قىلغان. مۇشۇنداق قىلمىشلار تەۋراتتا قەتئىي مەنئى قىلىنغان (مەسىلەن، «قان.» 11:18)

14:6 **«ئۇلار ھەر تۇرغان جايلىرىدا زېمىننى دىبلاتتىكى چۆل-باياۋاندىن بەتتەر ۋەيران قىلىۋېتىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار ھەر تۇرغان جايلىرىدا زېمىننى جەنۇبىي چۆل-باياۋاندىن رىبلاتقىچە (يەنى، ئىسرائىلنىڭ ئەڭ شىمالىي شەھەرلىرىن بىرى) ۋەيران قىلىۋېتىمەن». ئىبرانىي تىلىدا «دىبلات» بىلەن «رىبلات» يېزىلىشى بىر-بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كەتكەچكە، كۆچۈرگۈچى كاتىپلار ئەسلىي تېكىستىنىڭ «رىبلات» دېگەن سۆزىنى خاتا كۆچۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**14:6** يەر. 5:39-6

## خاتىمە ۋاقتى كەلدى!

7 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] «سەن ئاڭلا، ئى ئىنسان ئوغلى، رەب پەرۋەردىگار ئىسرائىل
زېمىنىغا مۇنداق دېدى: خاتىمە! زېمىنىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا خاتىمە
بېرىلدى!
[3] ساڭا ھازىر خاتىمە بېرىلدى! ئۆز غەزىپىمنى بېشىڭغا چۈشۈرىمەن،
ئۆز يوللىرىڭ بويىچە ئۈستۈڭگە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالاپ، ئۆزۈڭنىڭ
بارلىق يىرگىنچلىك ئىشلىرىڭنى ئۆز بېشىڭغا ياندۇرىمەن.
[4] مېنىڭ كۆزۈم ساڭا رەھىم قىلمايدۇ ھەم ئىچىمنىمۇ ساڭا
ئاغرىتمايمەن؛ ئەكسىچە ئۆز يوللىرىڭنى بېشىڭغا ياندۇرىمەن،
ئۆز يىرگىنچلىكلىرىڭ ئۆز ئاراڭدا بولىدۇ؛ ئاندىن سىلەر مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر».
[5] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ بالايىئاپەت! ھېچ بولۇپ باقمىغان
بالايىئاپەت كېلىدۇ! مانا، ئۇ كەلدى!
[6] خاتىمە، خاتىمە! ئۇ ساڭا قارشى قوزغالدى! مانا، ئۇ كېلىۋاتىدۇ!
[7] ھالاكەت يېنىڭغا كەلدى، ئى زېمىندا تۇرغۇچى؛ ۋاقىت-سائىتى
توشتى، ئاشۇ كۈن يېقىنلاشتى؛ خۇشاللىق ۋارقىراشلىرى ئەمەس،
بەلكى داۋالغۇلۇق بىر قىيقاس-سۈرەن تاغلاردا ئاڭلىنىدۇ. [8] مەن تېزلا
قەھرىمنى ئۈستۈڭگە تۆكۈپ، ساڭا قاراتقان غەزىپىم بىلەن يىغاندىن

---

2:7 **«خاتىمە! زېمىنىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا خاتىمە بېرىلدى!»** ــ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر (يوئېل، ئاموس، يەشايا، ھوشىيا، مىكاھ قاتارلىقلار) خۇدانىڭ مۇشۇ جازاسى توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەن. ئەزاكىيال پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە، ۋاقتى-سائىتى ھازىر بولىدۇ، دەيدۇ.

**4:7** ئەز. 5:11؛ 8:18

7:7 **«ئاشۇ كۈن يېقىنلاشتى...»** ــ مۇشۇ «كۈن» «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» يەنى «قىيامەت كۈنى»نى كۆرسىتىدۇ. ئەزاكىيال پەيغەمبەرنىڭ بۇ بېشارىتىنىڭ ئىككى قېتىملىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بار: ــ (1) بابىل ئىمپېرىيەسى ئىسرائىل زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ يەھۇدىيلارنى پۈتۈنلەي سۈرگۈن قىلدۇ؛ (2) كەلگۈسىدە، پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىدە؛ شۇ كۈنى دەججالنىڭ قوشۇنلىرى ئىسرائىل زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ. بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان كۆپ يەرلىرى بولىدۇ.

چىقىمەن؛ مەن ئۆز يولـلىرىڭ بويىچە ئۈستۈڭگە ھۆكۈم چىقىرىپ
جازالاپ، ئۆزۈڭنىڭ بارلىق يىرگىنچلىكلىرىڭنى بېشىڭغا قايتۇرۇپ
چۈشۈرىمەن. [9]مېنىڭ كۆزۈم ساڭا رەھىم قىلمايدۇ ھەم ئىچىمنىمۇ
ساڭا ئاغرىتمايمەن؛ مەن ئۆز يوللىرىڭنى بېشىڭغا ياندۇرىمەن، ۋە ئۆز
يىرگىنچلىك ئىشلىرىڭ ئۆز ئاراڭغا چۈشىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر
ئۆزۈڭلارنى ئۇرغۇچىنىڭ مەن پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ
يېتىسىلەر.
[10]مانا، ئاشۇ كۈن! مانا ئۇ كەلدى! ھالاكەت چىقىپ يۇرۇۋاتىدۇ! ــ تاياق
بىخلاندى، ھاكاۋۇرلۇق چېچەكلىدى! [11]زوراۋانلىق يېتىلىپ رەزىلـلىك
تايىقى بولۇپ چىقتى؛ ئۇلارنىڭكىدىن ھېچنەرسە قالمايدۇ ــ ئۇلارنىڭ
ئادەملەر توپىدىن، دۆلەت-بايلىقلىرىدىن ياكى ھەيۋىسىدىن ھېچنېمە
قالمايدۇ. [12]ۋاقىت-سائىتى كەلدى، كۈنى يېقىنلاشتى؛ ئالغۇچى
خۇشال بولۇپ كەتمىسۇن، ساتقۇچى ماتەم تۇتمىسۇن؛ چۈنكى قاتتىق
غەزەپ مۇشۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ.
[13]چۈنكى گەرچە ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى تىرىك قالسىمۇ، ساتقۇچى
ئۆزى سېتىۋەتكىنىگە قايتىدىن ئىگە بولمايدۇ؛ چۈنكى بۇ توپ
كىشىلەر توغرۇلۇق كۆرۈنگەن بېشارەت ئىناۋەتسىز بولمايدۇ؛ ئۇلاردىن
ھېچقايسىسى قەبىھلىكى بىلەن ئۆز ھاياتىنى ساقلىيالمايدۇ.

10:7 **«تاياق بىخلاندى، ھاكاۋۇرلۇق چېچەكلىدى!»** ــ مۇشۇ «تاياق» ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ــ كېيىنكى 10-ئايەتنى كۆرۈڭ. ئۇنىڭ «بىخلانغانلىقى» بەلكىم ئۇنى جازالايدىغان ۋاقىت-سائەت توشقان، دېمەكچى.

11:7 **«زوراۋانلىق يېتىلىپ رەزىللىك تايىقى بولۇپ چىقتى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «زوراۋانلىق يېتىلىپ، رەزىللىكنى جازالايدىغان تاياق بولۇپ چىقتى» ــ بىراق بىزنىڭچە بۇ «تاياق» 10-ئايەتتىكى تاياققا ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

12:7 **«ئالغۇچى خۇشال بولۇپ كەتمىسۇن، ساتقۇچى ماتەم تۇتمىسۇن؛ چۈنكى قاتتىق غەزەپ مۇشۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ»** ــ بالايىئاپەت چۈشكەن كۈنلەردە كۆپ نەرسىلەرنىڭ باھاسى دەرھال چۈشىدۇ. شۇ چاغدا ئالغۇچى كىشى بەلكىم: «ناھايىتى ئەرزانغا ئالدىم» دەپ خۇشاللىنىدۇ، ساتقۇچى كىشى بەلكىم «بەك ئەرزان سېتىپېتىمەن» دەپ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

13:7 **«چۈنكى گەرچە ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى تىرىك قالسىمۇ، ساتقۇچى ئۆزى**

14 ئۇلار كانايىنى چېلىپ ھەممىنى تەييارلىدى، بىراق ھېچكىم جەڭگە
چىقمايدۇ؛ چۈنكى مېنىڭ غەزىپىم مۇشۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ
ھەممىسىگە قارىتىلغان. 15 تالادا قىلىچ، ئىچىدە ۋابا ۋە ئاچارچىلىق
تۇرىدۇ؛ دالادا بولغان كىشىنى قىلىچ، شەھەردە بولغان كىشىنى بولسا،
ۋابا ۋە ئاچارچىلىق ئۇنى يۇتۇۋېتىدۇ. 16 ۋە ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ قېلىپ
بۇلاردىن قاچقانلار تاغلاردا يۈرۈپ ھەربىرى ئۆز قەبىھلىكى ئۈچۈن
جىلغىدىكى پاختەكلەردەك بۇقۇلداپ ماتەم تۇتىدۇ.
17 ھەربىرىنىڭ قولى دەرمانسىزلىنىدۇ، تىزلىرى سۇيدۇك بىلەن
چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىدۇ؛ 18 ئۇلار ئۆزىگە بۆز كىيىمنى
باغلايدۇ، ۋەھشەت ئۇلارنى باسىدۇ؛ ھەرقايسىنىڭ يۈزىدە خىجالەت،
باشلىرى تاقىر كۆرۈنىدۇ. 19 ئۇلار ئۆز كۈمۈشلىرىنى كوچىلارغا
تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئالتۇنلىرى بۇلغانغان نەرسىدەك بولىدۇ؛
ئۇلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرى پەرۋەردىگار غەزىپىنى كۆرسەتكەن
كۈنىدە ئۇلارنى قۇتقۇزمايدۇ؛ ئۇلار بۇلاردىن ئاچلىقىنى قاندۇرالمايدۇ،
قورسىقىنى تولدۇرالمايدۇ، چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا ئادەملەرنى

---

**سېتىۋەتكىنىگە قايتىدىن ئىگە بولمايدۇ»** ــ ئەگەر ساتقان نەرسە يەر بولسا، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن مىراسلىق توغرىسىدىكى قانۇن بويىچە، ساتقۇچى ئۇنى (مۇۋاپىق باھاسىدا) قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش ھوقۇقى بار. ئەمدى ساتقان نەرسە يەر بولسۇن بولمىسۇن، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ۋاقتى بولمايدۇ، چۈنكى ھەممە ئادەم سۈرگۈن بولۇپ ئېپكېتىلىدۇ. **«ئۇلاردىن ھېچقايسىسى قەبىھلىكى بىلەن ئۆز ھاياتىنى ساقلىيالمايدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇلارنىڭ قەبىھلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆز ھاياتىنى ساقلىيالمايدۇ».

17:7 **«ھەربىرىنىڭ قولى دەرمانسىزلىنىدۇ، تىزلىرى سۇيدۇك بىلەن چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىدۇ»** ــ دېمەك، قورقۇنچتىن شۇنداق بولىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ھەربىرىنىڭ تىزلىرى سۇدەك ئاجىز بولۇپ كېتىدۇ».

**17:7** يەش. 7:13؛ يەر. 24:6

18:7 **«بۆز كىيىمى»** ــ ماتەم تۇتۇش ياكى قاتتىق توۋا قىلىشنى بىلدۈرەتتى. **«باشلىرى تاقىر كۆرۈنىدۇ»** ــ ماتەم تۇتقاندا، قاتتىق پۇشايمان قىلغاندا ئەر كىشىلەر چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى

**18:7** يەش. 2:15، 3؛ يەر. 37:48

پۇتلاشتۇرىدىغان قەبىھلىك بولدى. [20] ئۇ ئۇنىڭ گۈزەل بېزەكىنى ھەيۋە
بىلەن تىكلىدى؛ بىراق ئۇلار ئۇنىڭ ئىچىدە يىرگىنچلىك مەبۇدلارنى
ھەمدە لەنەتلىك نەرسىلىرىنى ياسىدى؛ شۇڭا مەن ئۇنى ئۇلار ئۈچۈن
پاسكىنچىلىققا ئايلاندۇرىمەن. [21] مەن ئۇنى ئولجا سۈپىتىدە يات
ئادەملەرنىڭ قولىغا، غەنىمەت قىلىپ يەر يۈزىدىكى رەزىللەرگە
تاپشۇرىمەن؛ ئۇلار بۇنى بۇلغايدۇ. [22] مەن يۈزۈمنى ئۇلاردىن ئۆرۈيمەن، ۋە
كىشىلەر مېنىڭ ئەزىز جايىمنى بۇلغايدۇ؛ زوراۋانلار كىرىپ ئۇ يەرنى
بۇلغايدۇ.
[23] زەنجىرنى تەييارلاڭلار؛ چۈنكى زېمىن قانلىق جىنايەتلەرگە،
شەھەر زوراۋانلىققا تولغان. [24] شۇڭا مەن ئەللەر ئىچىدىكى ئەڭ
رەزىلىنى كەلتۈرىمەن، ئۇلار ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىگە بولىدۇ؛ مەن
زومىگەرلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى يوقىتىمەن؛ ئۇلارنىڭ «مۇقەددەس

---

19:7 **«ئۇلارنىڭ ئالتۇنلىرى بۇلغانغان نەرسىدەك بولىدۇ»** — «بۇلغانغان بەرسە» (ياكى «نىجىس نەرسە») مۇشۇ يەردە ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ، يەنە «يىراق قىلىنغان نەرسە»نىمۇ بىلدۈرىدۇ. **«بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا ئادەملەرنى پۇتلاشتۇرىدىغان قەبىھلىك بولدى»** — «بۇ نەرسىلەر» بەلكىم ئۇلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش بولغان بايلىقلىرى ۋە شۇنداقلا ئۇلار ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسىغان بۇتلار بولسا كېرەك.

**19:7** پەند. 4:11؛ زەف. 1:14-16، 18؛ دان. 9:26-27؛ يەش. 10:22-23؛ يەر. 11:30؛ 28:46؛ ناھ. 9:1

20:7 **«ئۇ ئۇنىڭ گۈزەل بېزەكىنى ھەيۋە بىلەن تىكلىدى»** — «ئۇ» — خۇدانى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇنىڭ گۈزەل بېزەكى»** — مۇشۇ سۆز بىزنىڭچە مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قارىتىلغان (بۇ ئىبادەتخانىنى سۇلايمان پادىشاھ قۇرغان، ئەسلى ئىنتايىن گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى). ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار ئۆزى گۈزەل بۇيۇملىرىدىن پەخىرلەنگەن، بىراق ئۇلار بۇلاردىن يىرگىنچلىك مەبۇدلارنى ھەمدە يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى ياسىدى؛ شۇڭا مەن بۇلارنى ئۇلار ئۈچۈن پاسكىنچىلىككە ئايلاندۇرىمەن».
—مۇشۇ ئايەتتىكى «پاسكىنچىلىك» ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ، يەنە «يىراق قىلىنغان نەرسە»نىمۇ كۆرسىتىدۇ.

21:7 **«مەن ئۇنى ئولجا سۈپىتىدە يات ئادەملەرنىڭ قولىغا، غەنىمەت قىلىپ يەر يۈزىدىكى رەزىللەرگە تاپشۇرىمەن»** — «ئۇنى» مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ.
—
— 20-ئايەتتىكى ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگەن ئىككىنچى تەرجىمە بويىچە، «ئۇنى» ئىسرائىللارنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

جايلىرى» بۇلغىنىدۇ. [25] ۋەھشەت كېلىۋاتىدۇ! ئۇلار تىنچ-ئامانلىقنى ئىزدەيدىغان بولىدۇ، بىراق ھېچ تاپالمايدۇ. [26] ئاپەت ئۈستىگە ئاپەت، شۇم خەۋەر ئۈستىگە شۇم خەۋەر كېلىدۇ؛ ئۇلار پەيغەمبەردىن بېشارەت سورايدۇ، بىراق كاھىنلاردىن تەۋراتنىڭ بىلىمى، ئاقساقاللاردىن، مويسىپىتلەردىن نەسىھەت يوقاپ كېتىدۇ. [27] پادىشاھ ماتەم تۇتىدۇ، شاھزادە ئۈمىدسىزلىككە چۆمۈلىدۇ، زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ قوللىرى تىترەپ كېتىدۇ؛ مەن ئۇلارنى ئۆز يوللىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىمەن، ئۆز ھۆكۈملىرى بويىچە ئۇلارغا ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.

## يېرۇسالېمنىڭ جازالىرى
## مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا بولغان بۇتپەرەسلىكلەر

8 [1] ئالتىنچى يىلى، ئالتىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىدە شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدىكى، مەن ئۆز ئۆيۈمدە ئولتۇرغىنىمدا، ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئولتۇرغىنىدا، رەب پەرۋەردىگارنىڭ قولى ۋۇجۇدۇمغا چۈشتى.
[2] مەن قارىدىم، مانا، ئوتنىڭ قىياپىتىدە بىر زاتنىڭ كۆرۈنۈشى تۇراتتى؛ بېلىنىڭ تۆۋىنى ئوت تۇرقىدا تۇراتتى؛ بېلىنىڭ ئۈستى بولسا جۇلالىغان يورۇقلۇق، قىزىتىلغان مىس پارقىرىغاندەك كۆرۈنۈش تۇراتتى. [3] ئۇ قولىنىڭ كۆرۈنۈشىدەك بىر شەكىلنى سوزۇپ، بېشىمدىكى بىر تۇتام

**24:7 «ئۇلارنىڭ «مۇقەددەس جايلىرى» بۇلغىنىدۇ»** — مۇشۇ يەردە «مۇقەددەس جايلىرى» بەلكىم ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ بولۇپ، ئىسرائىللارنىڭ بۇتلارغا بېغىشلىغان جايلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**26:7 «بىراق كاھىنلاردىن تەۋراتنىڭ بىلىمى... يوقاپ كېتىدۇ»** — «تەۋرات»نىڭ ئەسلىي مەنىسى «يوليورۇق»، «تەربىيە».

**1:8 «ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئولتۇرغىنىدا...»** — ئاقساقاللار بەلكىم پەيغەمبەردىن نەسىھەت سورىغىلى كەلدى. پەيغەمبەر خۇدادىن جاۋاب كۈتكەندە ۋەھيي ئۇنىڭغا بېرىلىدۇ.

چاچنى تۇتتى؛ روھ مېنى ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىغا كۆتۈرۈپ،
خۇدانىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشلىرىدە يېرۇسالېمغا، يەنى ئىبادەتخانىنىڭ
شىمالغا قارايدىغان ئىچكى دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىغا ئاپاردى.
ئاشۇ يەر «پاك-مۇقەددەسلىككە قارشىلاشقان مەبۇد»، يەنى خۇدانىڭ
پاك-مۇقەددەس غەزىپىنى قوزغايدىغان مەبۇد تۇرغان جاي ئىدى.
4 مانا، مەن تۈزلەڭلىكتە كۆرگەن ئالامەت كۆرۈنۈشتەك، ئىسرائىلنىڭ
خۇداسىنىڭ شان-شەرىپى شۇ يەردە تۇراتتى.
5 ئۇ ماڭا: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ شىمال تەرەپكە
قاراپ باق، دېدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ شىمال تەرەپكە قارىدىم،
مانا، قۇربانگاھنىڭ دەرۋازىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، بوسۇغىدا
شۇ «پاك-مۇقەددەسلىككە قارشىلاشقان مەبۇد» تۇراتتى. 6 ۋە ئۇ ماڭا:
ــ ئى ئىنسان ئوغلى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىنى ــ ئىسرائىل
جەمەتىنىڭ مېنى مۇقەددەس جايىمدىن يىراق كەتكۈزىدىغان، مۇشۇ
يەردە قىلغان ئىنتايىن يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى كۆردۈڭسەن؟ بىراق
سەن تېخىمۇ يىرگىنچلىك ئىشلارنى كۆرىسەن، ــ دېدى.
7 ۋە ئۇ مېنى ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئاپاردى،
مەن قارىدىم، مانا، تامدا بىر تۆشۈك تۇراتتى. 8 ئۇ ماڭا: ــ ئى ئىنسان
ئوغلى، تامنى كولاپ تەشكىن، دېدى. مەن تامنى كولاپ تەشتىم، مانا،
بىر ئىشىك تۇراتتى. 9 ئۇ ماڭا: ــ كىرگىن، ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردە قىلغان
رەزىل يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى كۆرۈپ باق، دېدى. 10 مەن كىرىپ
قارىدىم، مانا، ئەتراپىدىكى تاملارغا نەقىش قىلىنغان ھەرخىل
ئۆمىلىگۈچى ھەم يىرگىنچلىك ھايۋانلارنى، ئىسرائىل جەمەتىنىڭ

---

3:8 **«روھ مېنى ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىغا كۆتۈرۈپ، ... ئىبادەتخانىنىڭ شىمالغا قارايدىغان ئىچكى دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىغا ئاپاردى»** ــ «روھ» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى. **««پاك-مۇقەددەسلىككە قارشىلاشقان مەبۇد»، يەنى خۇدانىڭ پاك-مۇقەددەس غەزىپىنى قوزغايدىغان مەبۇد»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھەسەتكە تەۋە مەبۇد، يەنى (خۇدانىڭ) ھەسىتىنى قوزغايدىغان مەبۇد».

**3:8** دان. 5:5

**4:8** ئەز. 23:3

**ھەممە بۇتلىرىنى كۆردۈم.**
**[11] ۋە بۇلارنىڭ ئالدىدا ئىسرائىل جەمەتىنىڭ يەتمىش ئاقساقىلى**
**تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شافاننىڭ ئوغلى جائازانىيا تۇراتتى؛**
**ئۇلارنىڭ ھەربىرى قولىدا ئۆز خۇشبۇيدېنىنى تۇتۇپ تۇراتتى؛**
**خۇشبۇي قويۇق بۇلۇتتەك ئۆرلەپ چىقتى. [12] ۋە ئۇ ماڭا: ــ ئى ئىنسان**
**ئوغلى، ئىسرائىل جەمەتىدىكى ئاقساقاللارنىڭ قاراڭغۇلۇقتا،**
**يەنى ھەربىرىنىڭ ئۆز مەبۇد نەقىش قىلىنغان ھۇجرىسىدا نېمە**
**قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ چۈنكى ئۇلار: «پەرۋەردىگار بىزنى كۆرمەيدۇ؛**
**پەرۋەردىگار زېمىنىنى تاشلاپ كەتتى» ــ دەيدۇ، ــ دېدى.**
**[13] ۋە ئۇ ماڭا: ــ بىراق سەن ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يىرگىنچلىك**
**قىلمىشلىرىنى كۆرىسەن، دېدى. [14] ئۇ مېنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ**
**شىمالىي دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىغا ئاپاردى؛ مانا، شۇ يەردە «تاممۇز**
**ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ» يىغلاۋاتقان ئاياللار ئولتۇراتتى. [15] ۋە ئۇ ماڭا: ــ**
**ئى ئىنسان ئوغلى، سەن مۇشۇلارنى كۆردۈڭمۇ؟ بىراق سەن تېخىمۇ**
**يىرگىنچلىك ئىشلارنى كۆرىسەن، ــ دېدى.**
**[16] ۋە ئۇ مېنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچكى ھويلىسىغا ئاپاردى.**
**مانا، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ كىرىش يولىدا، پېشايۋان**
**ۋە قۇربانگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يىگىرمە بەش ئادەم، پەرۋەردىگارنىڭ**
**ئىبادەتخانىسىغا ئارقىسىنى قىلىپ شەرققە قاراپ قۇياشقا**

---

**12:8 «ئىسرائىل جەمەتىدىكى ئاقساقاللارنىڭ قاراڭغۇلۇقتا، يەنى ھەربىرىنىڭ ئۆز مەبۇد نەقىش قىلىنغان ھۇجرىسىدا نېمە قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟»** ــ مۇشۇ ئالامەت كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيىدە («ھەربىرىنىڭ ئۆز ... ھۇجرىسىدا») نېمە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ كۆرۈنۈشنى ئاساسەن «سىمۋول» دەپ قارايمىز؛ شۇنداقتىمۇ بۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئىبادەتخانىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**12:8** ئەز. 9:9

**14:8 «تاممۇز ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغلاۋاتقان ئاياللار»** ــ «تاممۇز» ــ يەنى «ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پادىشاھى» دېيىلگەن بىر بۇت. رىۋايەتلەر بويىچە ئۇ ئۆلۈپ، تەھتىسارىغا چۈشۈپ تەھتىسارانىڭ پادىشاھى بولدى. ئۇنىڭ «ئۆلۈمى» تۇپەيلىدىن ھەر يىلى ئۇنىڭغا چوقۇنغان ئاياللار «ماتەم تۇتۇش»ى كېرەك ئىدى.

چوقۇنۇۋاتاتتى. [17] ۋە ئۇ ماڭا: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، سەن مۇشۇلارنى
كۆردۈڭمۇ؟ يەھۇدا جەمەتى ئۆزى مۇشۇ يەردە قىلغان يىرگىنچلىك
قىلمىشلىرىنى يېنىك دەپ، ئۇلار يەنە بۇنىڭ ئۈستىگە زېمىننى
جەبىر-زۇلۇم بىلەن تولدۇرۇپ مېنىڭ ئاچچىقىمنى قايتا-قايتا
قوزغاتسا بولامدۇ؟ ۋە مانا، ئۇلارنىڭ يەنە شاخنى بۇرنىغا تۇتۇۋاتقىنىغا
قارا! [18] شۇڭا مەن قەھر بىلەن ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىمەن؛ مېنىڭ
كۆزۈم ئۇلارغا رەھىم قىلمايدۇ، ئىچىمنىمۇ ئۇلارغا ئاغرىتمايمەن؛ ئۇلار
قۇلىقىمغا يۇقىرى ئاۋازدا نىدا قىلسىمۇ، ئۇلارنى ئاڭلىمايمەن، ــ دېدى.

## يەتتە جازانى بەجا كەلتۈرگۈچىلەر

9 [1] ئۇ قۇلىقىمغا كۈچلۈك بىر ئاۋازدا توۋلاپ: ــ يېقىن كېلىڭلار،
شەھەرگە مەسئۇل بولغۇچىلار، ھەربىرىڭلار ئۆز ھالاكەت
قوراللىرىڭلارنى قولۇڭلارغا تۇتۇڭلار، ــ دېدى.
[2] ۋە مانا، ئالتە كىشىنىڭ ئىبادەتخانىنىڭ شىمالىغا قارايدىغان
«يۇقىرى دەرۋازا» تەرەپتىن كېلىۋاتقىنىنى كۆردۈم. ھەربىرىسى قولىدا
بىتچىت قىلغۇچى قورالىنى تۇتقان؛ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىغا

**16:8 «...پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئارقىسىنى قىلىپ شەرققە قاراپ قۇياشقا چوقۇنۇۋاتاتتى»** ــ بۇ باپتا ئېيتىلغان بەش ھەرىكەت ئىچىدە بۇ ھەرىكەت ئەڭ يىرگىنچلىك بولدى. چۈنكى: (1) ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئارقىنى قىلىشى مۇتلەق كۇپۇرلۇق بىر ئىش؛ (2) ئۇ ئىبادەتخانىغا كىرگەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارە كۇپۇرلۇق قىلدى؛ (3) ئۇ كۇپۇرلۇق دەل خۇدادىن رەھىم-شەپقەت سورايدىغان جايدا بولدى («يوئېل» 17:2نى كۆرۈڭ).
**17:8 «ئۇلارنىڭ يەنە شاخنى بۇرنىغا تۇتۇۋاتقىنىغا قارا!»** ــ «شاخنى بۇرنىغا تۇتۇش» دېگەن ھەرىكەت توغرىسىدا ئۈچ پىكىر بار: ــ (1) قەدىمكى زامانلاردا بەزى بۇتپەرەس مىللەتلەر ئۆز بۇتلىرىغا چوقۇنغاندا چېچەكلىگەن بىر شاخنى بۇرنىغا تۇتاتتى. شۇڭا بۇ ھەرىكەت بۇتپەرەسلىكنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) يەھۇدىيلار خۇداغا ئىبادەت قىلغاندا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىپ خۇداغا ھۆرمەت بىلدۈرىشەتتى؛ ئۇنداق بولغاندا، خۇدا شۇنداق ساختىپەزلىك ھەم بۇتپەرەسلىك بىلەن باغلانغان ئىبادەت ئىپادىلىرىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايتتى؛ (3) ئۇنداق ھەرىكەت پەقەتلا پەرۋەردىگارغا بولغان ئىنتايىن ھۆرمەتسىزلىكنى، يەنى كۇپۇرلۇقنى بىلدۈرەتتى. بىزنىڭچە، بەلكىم 2-پىكىر توغرىدۇر.
**18:8** پەند. 28:1؛ يەش. 15:1؛ يەر. 11:11؛ ئەز. 11:5؛ 4:7

پۈتۈكچىنىڭ سىياھدېنى ئېسقلىق تۇرغان، كاناپ كىيىملەرنى
كىيگەن بىرسى بار ئىدى؛ ۋە ئۇلار ئىبادەتخانىغا كىرىپ، مىس
قۇربانگاھنىڭ يېنىدا تۇردى. 3 شۇ چاغدا ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ
شان-شەرىپى ئەسلى تۇرغان كېرۇبتىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا
تۇردى. پەرۋەردىگار يېنىغا پۈتۈكچىنىڭ سىياھدېنى ئېسقلىق
تۇرغان، كاناپ كىيىملەرنى كىيگەن كىشىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ــ
4 شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن، يەنى يېرۇسالېمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بارلىق يىرگىنچلىك ئىشلار
تۈپەيلىدىن ئاھ-نادامەت چەككەن كىشلەرنىڭ پېشانلىرىگە بىر
بەلگە سالغىن، ــ دېدى.
5 ۋە ماڭا ئاڭلىتىپ باشقا كىشلەرگە: ــ بۇ كىشىنىڭ كەينىدىن
شەھەرنى كېزىپ، ئادەملەرنى قىرىڭلار؛ كۆزۈڭلار رەھىم قىلمىسۇن،
ئۇلارغا ئىچىڭلارنى ئاغرىتماڭلار! 6 بىرنىمۇ قويماي ھەممىنى ــ
قېرىلار، ياش يىگىت-قىزلار، بوۋاق-باللار ۋە ئاياللارنى قويماي
ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار؛ پەقەت بەلگە قويۇلغان كىشلەرگە يېقىنلاشماڭلار؛
بۇ ئىشنى ئۆز مۇقەددەس جايىمدىن باشلاڭلار، ــ دېدى.
شۇڭا ئۇلار خۇدانىڭ ئۆيى ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى ئاقساقاللاردىن
باشلىغان. 7 ۋە ئۇ ئۇلارغا: ــ ئۆينى بۇلغاڭلار، ھويلىلىرىنى

---

2:9 **«ھەربىرسى قولىدا بىتچىت قىلغۇچى قورالىنى تۇتقان...»** ــ ياكى «ھەربىرسى قولىدا جەڭ توقمىقىنى تۇتقان...».

3:9 **«ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ شان-شەرىپى ئەسلى تۇرغان كېرۇبتىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا تۇردى»** ــ «تۆت مەخلۇق» بولسا «كېرۇب»لاردىن ئىبارەتتۇر (10-بابنى كۆرۈڭ). بىراق مۇشۇ يەردە ئېيتىلغان «كېرۇبلار» بەلكىم مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي»دا قويۇلغان ئىككى «ئالتۇن كېرۇب» شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. خۇدانىڭ يورۇقلۇق شان-شەرىپى شۇ يەردە («ئەڭ مۇقەددەس جاي»دا، قېلىن بىر پەردە كەينىدە) سۇلايمان ئىبادەتخانىنى قۇرغاندىن بېرى تۇرۇپ كەلگەنىدى. ھازىر ئەزاكىيال كۆرىدۇكى، ئۇ ھەم ئىبادەتخانىدىن ھەم ئىسرائىلنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ.

4:9 **«...ئاھ-نادامەت چەككەن كىشلەرنىڭ پېشانلىرىگە بىر بەلگە سالغىن»** ــ بۇ «بەلگە» (ئىبرانىي تىلىدا «تاۋ» دېگەن ھەرپ) قەدىمكى زامانلاردا كرېست ياكى چاپراس (+) شەكلىدە ئىدى.

ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن تولدۇرۇڭلار؛ ئەمدى بېرىڭلار! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چىقىپ شەھەر بويىچە ئادەملەرنى قىرىشقا باشلىدى.

[8] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلار ئادەملەرنى قىرغىنىدا، مەن يالغۇز قالدىم؛ ئۆزۈمنى يەرگە دۈم تاشلىدىم ۋە: ــ ئاھ، رەب پەرۋەردىگار! سەن يېرۇسالېمغا قارىتىلغان قەھرىڭنى تۆككەندە ئىسرائىلنىڭ بارلىق قالدىسىنى ھالاك قىلامسەن؟ ــ دېدىم.

[9] ۋە ئۇ ماڭا: ــ ئىسرائىل ۋە يەھۇدا جەمەتىنىڭ قەبىھلىكى ئىنتايىن رەزىل؛ چۈنكى ئۇلار: «پەرۋەردىگار زېمىننى تاشلاپ كەتتى؛ پەرۋەردىگار بىزنى كۆرمەيدۇ» ــ دەيدۇ. [10] «مەن بولسام، مېنىڭ كۆزۈم ئۇلارغا رەھىم قىلمايدۇ، ئىچىمنىمۇ ئۇلارغا ئاغرىتمايمەن؛ مەن ئۇلارنىڭ يولىنى ئۆز بېشىغا چۈشۈرىمەن، ــ دېدى.

[11] ۋە مانا، بېلىگە پۈتۈكچىنىڭ سىياھدېنىنى ئاسقان، كاناپ كىيىملەرنى كىيگەن كىشى قىلغان ئىشنى مەلۇم قىلىپ: «ماڭا سەن بۇيرۇغان ئىشنى ئورۇندىدىم» ــ دېدى.

## خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئىبادەتخانىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ

10 [1] مەن قارىدىم، مانا، كېرۇبلارنىڭ بېشى ئۈستىدىكى گۈمبەز ئۈستىدە، كۆك ياقۇتنىڭ قىياپىتىدەك بىر تەختنىڭ كۆرۈنۈشى تۇراتتى؛ [2] ۋە تەختتە ئولتۇرغۇچى كاناپ كىيىملەرنى كىيگەن كىشىگە: «كېرۇبلارنىڭ ئاستىدىكى چاقلارنىڭ ئارىسىغا كىر، قوللىرىڭنى كېرۇبلار ئارىسىدا كۆيۈۋاتقان چوغلارغا تولدۇرۇپ،

---

8:9 **«سەن يېرۇسالېمغا قارىتىلغان قەھرىڭنى تۆككەندە ئىسرائىلنىڭ بارلىق قالدىسىنى ھالاك قىلامسەن؟»** ــ ئادەتتە «ئىسرائىلنىڭ قالدىسى» دېگەن ئىبارە پۈتۈن خەلق ئارىسىدا، خۇداغا سادىق بولغان يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ئەزاكىيال مۇشۇ يەردە (خۇدانىڭ 9-10-ئايەتتە بولغان جاۋابىغا قارىغاندا) بەلكىم يەھۇدانى كۆرسىتىدۇ؛ «شىمالىي پادىشاھلىق»، يەنە ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىدىن ئونى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن بالدۇر مۇنقەرز قىلىنىپ سۈرگۈن بولدى، پەقەت ئىككى قەبىلە، يەنى «يەھۇدا ۋە بىنيامىن» (جەنۇبىي پادىشاھلىق) قالدى.

**10:9** ئەز. 11:5؛ 4:7؛ 18:8

ئۇلارنى شەھەر ئۈستىگە چېچىۋەت» ــ دېدى. مەن قارىدىم، ئۇ شۇنداق
قىلىشقا باشلىدى.
3 بۇ كىشى كىرگەندە كېرۇبلار ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇراتتى؛ شان-
شەرەپلىك بۇلۇت ئۆينىڭ ئىچكى ھويلىسىنى تولدۇردى. 4 ۋە
پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى كېرۇب ئۈستىدىن چىقىپ، ئۆينىڭ
بوسۇغىسىغا كەلگەنىدى؛ ئۆي بۇلۇتقا تولدى، ھويلا بولسا
پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپىنىڭ جۇلالىقىغا چۆمگەن. 5 كېرۇبلارنىڭ
قاناتلىرىنىڭ ساداسى ھەممىدىن قادىرنىڭ سۆزلىگەن چاغدىكى
ئاۋازىدەك بولۇپ، سىرتتىكى ھويلىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
6 ۋە شۇنداق بولدىكى، رەب كاناپ كىيىملەرنى كىيگەن كىشىگە:
«چاقلار ئارىسىدىن، يەنى كېرۇبلار ئارىسىدىن ئوت ئالغىن» ــ دەپ
بۇيرۇغىنىدا، ئۇ كىرىپ بىر چاقنىڭ يېنىدا تۇردى. 7 ۋە كېرۇبلاردىن
بىرى ئۆز قولىنى كېرۇبلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوتقا سوزۇپ ئۇنىڭدىن
ئوت ئېلىپ، كاناپ كىيىملەرنى كىيگەن كىشىنىڭ قوللىرىغا سالدى؛
ئۇ بۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى 8 (كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرى ئاستىدا،
ئادەمنىڭ قوللىرىنىڭ قىياپىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى).
9 مەن قارىدىم، مانا، كېرۇبلارنىڭ يېنىدا تۆت چاق بار ئىدى، بىر
كېرۇبنىڭ يېنىدا بىر چاق، يەنە بىر كېرۇبنىڭ يېنىدا يەنە بىر چاق
تۇراتتى؛ چاقلارنىڭ قىياپىتى بولسا بېرىل ياقۇتنىڭ كۆرۈنۈشىدە
ئىدى. 10 ئۇلارنىڭ شەكلى بولسا، تۆتىلىسىنىڭ ئوخشاش ئىدى،
يەنى چاق ئىچىدە چاق باردەك كۆرۈنەتتى. 11 كېرۇبلار ماڭغاندا، ئۇلار
يۈزلەنگەن تۆتىلا تەرەپكە ئۇدۇل قاراپ ماڭاتتى؛ ماڭغاندا ئۇلار ھېچ
بۇرۇلمايتتى، بەلكى بېشى قايسى تەرەپكە قارىغان بولسا، ئۇلار شۇ
تەرەپكە ماڭاتتى؛ ئۇلار ماڭغاندا ھېچ بۇرۇلمايتتى. 12 ئۇلارنىڭ پۈتۈن
تېنى، دۈمبىلىرى، قوللىرى، قاناتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چاقلىرىمۇ،

3:10 **«شان-شەرەپلىك بۇلۇت ئۆينىڭ ئىچكى ھويلىسىنى تولدۇردى»** ــ «شان-شەرەپلىك بۇلۇت»، 4:1نى كۆرۈڭ.

**9:10** ئەز. 16:1

يەنى تۆتىسىگە تەۋە چاقلارنىڭ ئەتراپى كۆزلەر بىلەن تولغانىدى.
[13] چاقلارنى بولسا: «پىرقىرايدىغان چاقلار!» — دەپ ئاتىغىنىنى
ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. [14] ھەربىر كېرۇبنىڭ تۆت يۈزى بار
ئىدى؛ بىرىنچىسى كېرۇبنىڭ يۈزى، ئىككىنچىسى ئادەمنىڭ يۈزى،
ئۈچىنچىسى شىرنىڭ يۈزى، تۆتىنچىسى بۈركۈتنىڭ يۈزى ئىدى.
[15] كېرۇبلار يۇقىرىغا ئۆرلىدى. بۇلار دەل مەن كېۋار دەرياسى بويىدا
كۆرگەن ھايات مەخلۇقلار ئىدى. [16] كېرۇبلار ماڭغاندا، چاقلارمۇ
ئۇلارغا ياندىشىپ ماڭاتتى؛ كېرۇبلار يەردىن ئۆرلەشكە قاناتلىرىنى
كۆتۈرگىنىدە، چاقلارمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىن بۇرۇلۇپ كەتمەيتتى. [17] ئۇلار
تۇرغاندا، چاقلارمۇ تۇراتتى؛ ئۇلار كۆتۈرۈلگەندە، چاقلارمۇ ئۇلار بىلەن
كۆتۈرۈلەتتى؛ چۈنكى ھايات مەخلۇقلارنىڭ روھى چاقلاردا ئىدى. [18] ۋە
پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ئۆينىڭ بوسۇغىسى ئۈستىدىن چىقىپ،
كېرۇبلار ئۈستىدە تۇردى؛ [19] كېرۇبلار قاناتلىرىنى كېرىپ، كۆز ئالدىمدا
يەردىن كۆتۈرۈلدى؛ ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا، چاقلارمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا
ئىدى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدا تۇراتتى؛
ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ شان-شەرىپى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە يۇقىرى
تۇراتتى.
[20] بۇلار بولسا دەل مەن كېۋار دەرياسى بويىدا كۆرگەن، ئىسرائىل
خۇداسىنىڭ ئاستىدا تۇرغان مەخلۇقلار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ كېرۇبلار
ئىكەنلىكىنى بىلدىم. [21] ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تۆتتىن يۈزى،
ھەربىرىنىڭ تۆتتىن قانىتى، قاناتلىرى ئاستىدا ئىنسان قولى
سىياقىدىكى قوللىرى بار ئىدى. [22] ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قىياپىتى

**14:10 «ھەربىر كېرۇبنىڭ تۆت يۈزى بار ئىدى؛ بىرىنچىسى كېرۇبنىڭ يۈزى...»** — 10:1-ئايەتتە، «كېرۇبنىڭ يۈزى»نىڭ ئورنىدا، «بۇقىنىڭ يۈزى» كۆرۈنىدۇ. شۇڭا مۇمكىنچىلىكى باركى، «كېرۇب»لار ئۆزى بۇقىنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنىدۇ.

**16:10** ئەز. 19:1

**17:10** ئەز. 20:1

**20:10** ئەز. 3:1

**21:10** ئەز. 6:1، 8؛ 8:10، 14

بولسا، ئۇلار مەن كېۋار دەرياسى بويىدا كۆرگەن يۈزلەر ئىدى؛ ئۇلارنىڭ تۇرقى ۋە يۈزلىرى مەن كۆرگەنگە ئوخشاش ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۇدۇلىغا قاراپ ماڭاتتى.

## يېتەكچىلەرنىڭ جازالىنىشى

11 [1] روھ مېنى كۆتۈرۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ شەرقىي، يەنى شەرققە قارايدىغان دەرۋازىسىغا ئاپاردى؛ ۋە مانا، دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدا يىگىرمە بەش ئادەم تۇراتتى؛ مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاۋامنىڭ ئاقساقىلى بولغان، ئاززۇرنىڭ ئوغلى جائازانىيا ھەم بەنايانىڭ ئوغلى پېلاتىيانى كۆردۇم. [2] ۋە ئۇ ماڭا: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، قەبىھلىكنى ئويلاپ چىققۇچى، مۇشۇ شەھەردە رەزىل مەسلىھەت بەرگۈچى ئادەملەر دەل بۇلاردۇر. [3] ئۇلار: «ئۆيلەرنى سېلىش ۋاقتى يېقىنلاشتى ئەمەسمۇ؟ بۇ شەھەر بولسا قازان، بىز بولساق، ئىچىدىكى گۆش» ــ دەيدۇ. [4] شۇڭا ئۇلارنى ئەيىبلەپ بېشارەت بەرگىن؛ ــ بېشارەت بەرگىن، ئى ئىنسان ئوغلى! ــ دېدى.

[5] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ روھى ۋۇجۇدۇمغا ئۇرۇلۇپ چۈشۈپ، ماڭا سۆز قىلغان: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ» ــ دېگىن. «سىلەرنىڭ

---

3:11 **«ئۆيلەرنى سېلىش ۋاقتى يېقىنلاشتى ئەمەسمۇ؟ بۇ شەھەر بولسا قازان، بىز بولساق، ئىچىدىكى گۆش»** ــ بېشارەت بېرىلگەن چاغدا يېرۇسالېم شەھىرى مۇھاسىرىگە چۈشكەن بولسا كېرەك. بۇ ئادەملەر «بىزگە چاتاق بولمايدۇ، بىز يەنە نورمال تۇرمۇش ئۆتكۈزەلەيدىغان بولدۇق» دېگەن قاراشتا بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدىن «شەھەر قازان، بىز گۆش» دېگىنى، بەلكىم «ئوت قازاندىكى گۆشنى كۆيدۈرمەيدۇ، ئەھۋالىمىز ئىنتايىن راھەت-پاراغەتلىكتۇر» دېگەنلىكتۇر. ئەزاكىيال پەيغەمبەر بۇ ئىبارىنى باشقا تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ بېشارەت قىلىدۇ. «بىز گۆش» دېگەن سۆزنىڭ بەلكىم يەنە بىر ئىچكى مەنىسى باركى، «بىز شەھەردە قالغان، ئېسىل گۆشمىز (خۇدا بىزنى ساقلىغان)، بىراق ئەزاكىيال بىلەن بىللە سۈرگۈن بولغانلار بولسا، پەقەت «ئۇچەي-قارىن»لاردۇر» دېگەن ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ.

— (ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «ئۆيلەرنى سېلىشنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشمىدى؛ شەھەر بولسا...»).

شۇنداق دېگىنىڭلارنى، ئى ئىسرائىل جەمەتى؛ كۆڭلۈڭلەرگە
پۈككەن ئوي-پىكرىڭلارنى، مەن بىلىمەن. [6] سىلەر مۇشۇ شەھەردە
ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كۆپەيتكەنسىلەر؛ سىلەر رەستە-كوچىلارنى
ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن تولدۇرغانسىلەر».
[7] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «سىلەر ئۆلتۈرگەن كىشىلەر
بولسا، دەل شۇ گۆشتۇر، شەھەر بولسا قازاندۇر؛ بىراق سىلەرنى بولسا
ئۇنىڭدىن تارتىۋالىمەن. [8] سىلەر قىلىچتىن قورقۇپ كەلگەنسىلەر، ۋە
مەن ئۇستۇڭلارغا بىر قىلىچ چۈشۈرىمەن» ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[9] «شۇنىڭ بىلەن مەن سىلەرنى شەھەردىن تارتىۋېلىپ، يات
ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن، سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلاردىن ھۆكۈم
چىقىرىپ جازالايمەن. [10] سىلەر قىلىچلىنىپ يىقىلىسىلەر؛ ئىسرائىل
چېگرالىرىدا ئۇستۇڭلارغا ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن؛ ۋە سىلەر
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر. [11] بۇ شەھەر
سىلەر ئۈچۈن «قازان» بولمايدۇ، ھەم سىلەرمۇ ئۇنىڭكى «گۆش»ى
بولمايسىلەر؛ مەن ئىسرائىل چېگرالىرىدا ئۇستۇڭلاردىن ھۆكۈم
چىقىرىپ جازالايمەن. [12] ۋە سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
تونۇپ يېتىسىلەر؛ سىلەر مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمدە يۈرمىگەن،
ھۆكۈملىرىم بويىچە ماڭمىغانسىلەر، بەلكى ئۆپچۆرەڭلاردىكى
ئەللەرنىڭ ھۆكۈملىرى بويىچە ماڭغانسىلەر».
[13] شۇنداق بولدىكى، مەن بېشارەت بېرىۋاتقىنىمدا، بەنايانىڭ ئوغلى
پېلاتىيا جان ئۈزدى. مەن دۈم يىقىلدىم: «ئاھ، رەب پەرۋەردىگار! سەن
ئىسرائىلنىڭ قالدىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتماقچىمۇسەن؟» ــ دەپ
قاتتىق ئاۋازدا نىدا قىلدىم.

**10:11 «...ئىسرائىل چېگرالىرىدا ئۇستۇڭلارغا ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن»** ــ بابىل ئىمپېراتورى نېبوقادنەسار زەدەكىيانى ئىسرائىلنىڭ چېگراسىدا (لىبناھ شەھرىدە) سوت قىلدى («2پاد.» 6:25-7، 18-21 ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).

## خۇدانىڭ سۈرگۈن بولغان ئىسرائىللارغا يېڭى ۋەدىسى ـ يېڭى قەلب، يېڭى روھ

14 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ـ
15 ئى ئىنسان ئوغلى، يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ: «پەرۋەردىگاردىن
يىراق كېتىڭلار! چۈنكى مۇشۇ زېمىن بىزگىلا مىراس قىلىپ تەقدىم
قىلىنغان!» دېگەن گېپى، سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭ، يەنى سېنىڭ
قېرىنداشلىرىڭ بولغان سۈرگۈنلەرگە ھەم ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل
جەمەتىگە قارىتىپ ئېيتىلغان. 16 شۇڭا ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: «رەب
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: گەرچە مەن ئۇلارنى يىراق يەرلەرگە، ئەللەر
ئارىسىغا يۆتكىۋەتكەن ھەم مەملىكەتلەر ئىچىگە تارقىتىۋەتكەن
بولساممۇ، ئۇلار بارغان يەرلەردىمۇ مەن ئۆزۈم ئۇلارغا كىچىككىنە بىر
پاك-مۇقەددەس باشپاناھ بولىمەن».
17 شۇڭا مۇنداق دېگىن: «رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنى
ئەللەردىن يىغىمەن، تارقىتىۋېتىلگەن مەملىكەتلەردىن سىلەرنى
جەم قىلىمەن، ئاندىن ئىسرائىل زېمىنىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ تەقدىم
قىلىمەن. 18 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ يەرگە قايتىپ كېلىدۇ، ئۇلار بارلىق

---

15:11 **«يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ: «پەرۋەردىگاردىن يىراق كېتىڭلار! چۈنكى مۇشۇ زېمىن بىزگىلا مىراس قىلىپ تەقدىم قىلىنغان!» دېگەن...** ــ يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ: «سۈرگۈن قىلىنغانلار (يەنى يەھۇدادىن خېلى بۇرۇن بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان كىشىلەر ھەمدە 150 يىل ئىلگىرى سۈرگۈن قىلىنغان ئىسرائىلدىكى ئون قەبىلە) ناھايىتى گۇناھكار ئادەملەردۇر، شۇڭا خۇدا ئۇلارنى سۈرگۈن قىلدۇردى، بىز بولساق پاك ئادەممىز، خۇدا مۇشۇ زېمىننى بىزگە قالدۇردى» دېگەن قارىشى بار ئىدى. بۇنداق تەكەببۇرلۇقنى خۇدا جازالايدۇ.
—«سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭ، يەنى سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭ بولغان سۈرگۈنلەر» دېگەن تېكىستنىڭ باشقا بىرخىل ۋارىيانتى: «قېرىنداشلىرىڭ بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ».
16:11 **«پاك-مۇقەددەس باشپاناھ»** ــ دېگەن سۆز ئىبرانيي تىلىدا «مۇقەددەس جاي» ياكى «ئىبادەتخانا» دېگەن سۆز. مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ بىر يەردە قۇرۇلۇشى خۇدانىڭ شۇ يەردە قوغدىغۇچى ۋە باشپاناھ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئۇلار (بۇتپەرەس) ئەللەر ئارىسىدا بولسىمۇ، خۇدا (ئۇلار ئۇنى ئىزدىگەن بولسا) ئۇلارغا جىسمانيي ھەم روھيي جەھەتتە باشپاناھ بولۇپ، ئۇلارنى تىنچ ساقلايدۇ ۋە ئۇلارغا دۇرۇس يوللاردا مېڭىشقا يەنە ياردەمچى بولىدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...مەن ئۇلارغا قىسقا ۋاقىت بىر پاك-مۇقەددەس باشپاناھ بولدۇم»

لەنەتلىك نەرسىلەرنى ھەم بارلىق يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى ئۇ يەردىن
يوق قىلىدۇ.
19 مەن ئۇلارغا بىر قەلبنى بېرىمەن، ئىچىڭلارغا يېڭى بىر روھنى
سالىمەن؛ مەن ئۇلارنىڭ تېنىدىن تاشتەك قەلبنى ئېلىپ تاشلايمەن،
ئۇلارغا مېھرلىك بىر قەلبنى بېرىمەن. 20 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ
بەلگىلىمىلىرىمدە يۈرىدۇ، مېنىڭ ھۆكۈملىرىمنى چىڭ تۇتۇپ
ئۇلارغا ئەمەل قىلىدۇ. ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ
خۇداسى بولىمەن.
21 بىراق كۆڭۈللىرى لەنەتلىك نەرسىلەرگە ۋە يىرگىنچلىك
قىلمىشلىرىغا بېغىشلانغانلار بولسا، مەن ئۇلارنىڭ يوللىرىنى ئۆز
بېشىغا چۈشۈرىمەن»، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار».

## خۇدانىڭ شان-شەرىپى يېرۇسالېمدىن چىقىپ كېتىدۇ

22 كېرۇبلار قاناتلىرىنى يايدى، ئۇلارنىڭ چاقلىرى ئۆز يېنىدا
تۇراتتى؛ ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ شان-شەرىپى ئۇلار ئۈستىدە
يۇقىرى تۇراتتى؛ 23 ۋە پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى شەھەرنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ، شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ ئۈستىدە تو
ختىدى. 24 شۇنىڭ بىلەن روھ مېنى كۆتۈرۈپ، خۇدانىڭ روھى بەرگەن بۇ
كۆرۈنۈشتە مېنى كالدىيەگە، يەنى سۈرگۈن بولغانلارغا ئاپاردى؛ شۇئان

19:11 **«ئۇلارغا مېھرلىك بىر قەلبنى بېرىمەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدا سۆزمۇسۆز: «ئۇلارغا گۆشلۈك بىر قەلبنى بېرىمەن» دېگەنلىكتۇر.

**19:11** يەر. 39:32؛ ئەز. 26:36

**20:11** يەر. 7:24؛ 22:30؛ 1:31؛ 38:32

**21:11** ئەز. 10:9

23:11 **«پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ... شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ ئۈستىدە توختىدى»** ــ بۇ تاغ «زەيتۇن تېغى»دۇر. ئەزاكىيال پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپىنى شۇ ۋاقىتتا يەنە كۆرمىدى. ئەزاكىيالنىڭ ھەممە بېشارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، خۇدانىڭ شان-شەرىپى شۇ چاغدا تاغدا ئۇزۇن تۇرماي ئىسرائىل زېمىنىدىنمۇ مۇتلەق كەتتى. بىراق كېيىن (43-بابتا) ئۇ مۇشۇ شان-شەرەپ يەنە شەرق تەرىپىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

مەن كۆرگەن بۇ كۆرۈنۈش مەندىن كەتتى.
[25] شۇنىڭ بىلەن مەن سۈرگۈن بولغانلارغا پەرۋەردىگار ماڭا كۆرسەتكەن
بارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم.

## يېرۇسالېم ئاھالىسىنىڭ سۈرگۈن بولۇشىنىڭ سۈرەتلىنىشى

12 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ [2] ئى
ئىنسان ئوغلى، سەن ئاسىي بىر جەمەت ئارىسىدا تۇرىسەن؛
ئۇلارنىڭ كۆرۈشكە كۆزى بار ئەمما كۆرمەيدۇ، ئاڭلاشقا قۇلىقى بار،
ئەمما ئاڭلىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاسىي بىر جەمەتتۇر. [3] ۋە سەن، ئى
ئىنسان ئوغلى، سۈرگۈن بولغۇچىنىڭ يۈك-تاقلىرىنى تەييارلاپ
قويغىن؛ ۋە كۈندۈزدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سۈرگۈن بولغۇچىدەك
ئۆز جايىڭدىن باشقا جايغا بارغىن. گەرچە ئۇلار ئاسىي بىر جەمەت
بولسىمۇ، ئېھتىماللىقى يوق ئەمەسكى، ئۇلار چۈشىنىپ يېتىدۇ.
[4] كۈندۈزدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سۈرگۈن بولۇشقا تەييارلىغان يۈك-
تاقلاردەك يۈك-تاقلىرىڭنى ئېلىپ چىق؛ ئاندىن كەچ كىرەي دېگەندە
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سۈرگۈن بولىدىغان كىشىلەردەك جايىڭدىن
چىقىپ كەتكىن؛ [5] تامنى كولاپ تېشىپ، يۈك-تاقلىرىڭنى ئېلىپ
چىققىن؛ [6] ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇنى مۈرۈڭگە ئېلىپ، گۇگۇمدا
كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكىن؛ يەرنى كۆرەلمەسلىكىڭ ئۈچۈن يۈزۈڭنى

---

24:11 **«روھ مېنى كۆتۈرۈپ، ... مېنى كالدىيەگە، يەنى سۈرگۈن بولغانلارغا ئاپاردى»** ــ «كالدىيە» بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى.

**2:12** يەش. 9:6؛ يەر. 21:5؛ ئەز. 3:2-8؛ 26:3، 27

4:12 **«كۈندۈزدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سۈرگۈن بولۇشقا تەييارلىغان يۈك-تاقلاردەك يۈك-تاقلىرىڭنى ئېلىپ چىق؛ ئاندىن كەچ كىرەي دېگەندە ... جايىڭدىن چىقىپ كەتكىن؛...»** ــ 4-6-ئايەتلەردىكى بۇيرۇق بەلكىم 3-ئايەتتىكى بۇيرۇقنى تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرىدۇ.

5:12 **«تامنى كولاپ تېشىپ، ... چىققىن»** ــ «تام» بەلكىم ھويلىنىڭ تېمى.

ياپقىن؛ چۈنكى مەن سېنى ئىسرائىل جەمەتىگە بېشارەت قىلدىم.
[7] ۋە مەن بۇيرۇلغان بويىچە شۇنداق قىلدىم؛ كۈندۈزدە مەن سۈرگۈن
بولغۇچى كىشىدەك يۈك-تاقلىرىمنى ئېلىپ چىقتىم؛ ۋە كەچ
كىرگەندە قولۇم بىلەن تامنى كولاپ تېشىپ، يۈل-تاقلىرىمنى
چىقىرىپ، گۇگۇمدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مۈرەمگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ
ماڭدىم.
[8] ئەتىگەندە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: —
[9] «ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىل جەمەتى، يەنى ئاسىي بىر جەمەت،
سەندىن: «بۇ نېمە قىلغىنىڭ» دەپ سورىغان ئەمەسمۇ؟ [10] ئۇلارغا: «رەب
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: بۇ يۈكلەنگەن ۋەھىي يېرۇسالېمدىكى
شاھزادە ھەم شۇ يەردىكى بارلىق ئىسرائىل جەمەتىدىكىلەر
توغرۇلۇقتۇر» — دېگىن.
[11] ئۇلارغا: «مەن سىلەر ئۈچۈن بېشارەت. مەن قانداق قىلغان بولسام،
ئەمدى ئۇلارغىمۇ شۇنداق ئىشلار قىلدۇرۇلىدۇ؛ ئۇلار ئەسىر بولۇپ
سۈرگۈن بولىدۇ» — دېگىن. [12] ئۇلار ئارىسىدىكى شاھزادە ئۆز يۈك-
تاقلىرىنى گۇگۇمدە مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؛ ئۇلار تامنى كولاپ
تېشىپ تۆشۈكتىن نەرسىلىرىنى چىقىرىدۇ؛ ئۇ ئۆز يۈزىنى يېپىپ
زېمىننى كۆرەلمەيدىغان بولىدۇ. [13] شۇنىڭ بىلەن ئۆز تورۇمنى
ئۇنىڭ ئۈستىگە يايىمەن، ئۇ مېنىڭ قىلتىقىمدا تۇتۇلىدۇ؛ مەن
ئۇنى كالدىيلەرنىڭ زېمىنى بولغان بابىلغا ئاپىرىمەن، بىراق ئۇ

---

6:12 **«...يەرنى كۆرەلمەسلىكىڭ ئۈچۈن يۈزۈڭنى ياپقىن؛ چۈنكى مەن سېنى ئىسرائىل جەمەتىگە بېشارەت قىلدىم»** — بۇ بېشارەت كېيىنكى ئايەتلەردە (11-14) چۈشەندۈرۈلىدۇ.

10:12 **«يېرۇسالېمدىكى شاھزادە»** — زەدەكىيا پادىشاھتۇر. بىراق ئەزاكىيال پەيغەمبەر بەلكىم ئۇنى ئەرزىمەس دەپ قارىغاچقا، ئۇنى ھەرگىز «پادىشاھ» دېمەيدۇ.

**12:12** 2پاد. 4:25

ئۇ يەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەيدۇ؛ ئۇ شۇ يەردە ئۆلىدۇ. [14] ئۇنىڭغا
ياردەملەشكەن ئۆپچۆرىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەم بارلىق
قوشۇنلىرىنى مەن بارلىق شامالغا تارقىتىۋېتىمەن؛ مەن قىلىچنى
غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئۇلارنى قوغلايمەن. [15] مەن ئۇلارنى ئەللەر ئارىسىغا
تارقىتىۋەتكىنىمدە، مەملىكەتلەر ئىچىگە تاراتقىنىمدا ئۇلار مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.
[16] بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسمىنى، قىلىچ، ئاچارچىلىق
ھەم ۋابا كېسەللىدىن خالاس قىلىمەن؛ مەقسىتىم شۇكى، ئۇلارغا
ئۆزلىرى بارىدىغان ئەللەردە ئۆزلىرىگە يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى
ئېتىراپ قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ».

[17] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[18] ئىنسان ئوغلى، ئۆز نېنىڭنى تىترىگەن ھالدا يېگىن، سۇيۇڭنى
دىر-دىر قىلىپ ئەنسىرىگەن ھالدا ئىچكىن؛ [19] ھەم شۇ زېمىندىكى
كىشىلەرگە مۇنداق دەپ ئېيتقىن: ــ رەب پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدىكىلەر
ۋە ئىسرائىل زېمىنىدا تۇرۇۋاتقانلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆز

---

13:12 **«...ئۇ مېنىڭ قىلتىقىمدا تۇتۇلىدۇ؛ مەن ئۇنى كالدىيلەرنىڭ زېمىنى بولغان بابىلغا ئاپىرىمەن، بىراق ئۇ ئۇ يەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەيدۇ؛ ئۇ شۇ يەردە ئۆلىدۇ»** ــ بۇ بېشارەت تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. زەدەكىيا پادىشاھ بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ يېرۇسالېمنى قورشىۋالغان مۇھاسىرىسى ئاستىدا بۆسۈلگەن سېپىلدىن ئۆتۈپ قاچماقچى ئىدى. بابىل ئەسكەرلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ نېبوقادنەسارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى، نېبوقادنەسار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋەتتى. ئۇ بابىلدا ئۆلدى («يەر.» 11:52نى، «2پاد.» 1:25-7نى كۆرۈڭ). مۇشۇ تېكىستلەردە دېيىلگەن «ئىشىك» بەلكىم توسۇلغان ياكى بۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا قېچىش ئۈچۈن «تامنى كولاش» كېرەك ئىدى.

**13:12** ئەز. 20:17

**14:12** ئەز. 5:12،10

16:12 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ»** ــ مۇشۇ جۈملىدىكى «ئۇلار» بەلكىم يات ئەللەر؛ ئۇلار ئىسرائىل جەمەتىنى باسقان بالايىئاپەتلەرنى ئىسرائىللاردىن ئاڭلاپ، بۇ ئىشلارنى پەرۋەردىگارنىڭ جازاسى دەپ چۈشىنىدۇ.

نېنىنى ئەنسىرەش ئىچىدە يەيدۇ، سۇيىنى دەككە-دۈككىدە ئىچىدۇ؛
چۈنكى زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ جەبىر-زۇلۇمى تۈپەيلىدىن، ئۇ يەر
ھەممىسى يەكسان قىلىنىدۇ. [20] ئاھالىلىك شەھەرلەر خارابە بولۇپ،
زېمىن ۋەيرانە بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر».
[21] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: —
[22] «ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىل زېمىنىدا: «كۈنلەر ئۇزارتىلىدۇ،
ھەربىر ئالامەت كۆرۈنۈش بىكارغا كېتىدۇ» دېگەن ماقالنى ئېيتقىنى
نېمىسى؟ [23] ئەمدى ئۇلارغا: — رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بۇ ماقالنى يوق قىلىمەن؛ ئىسرائىلدا بۇ ماقال ئىككىنچى
ئىشلىتىلمەيدۇ؛ سەن ئەكسىچە ئۇلارغا: «كۈنلەر يېقىنلاشتى،
ھەربىر ئالامەت كۆرۈنۈشنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىمۇ يېقىنلاشتى»
— دېگىن. [24] چۈنكى ئىسرائىل جەمەتىدە يالغان «ئالامەت كۆرۈنۈش»
ياكى ئادەمنى ئۇچۇرۇدىغان پالچىلىقلار قايتا بولمايدۇ. [25] چۈنكى مەن
پەرۋەردىگاردۇرمەن؛ مەن سۆز قىلىمەن، ھەم قىلغان سۆزۈم چوقۇم
ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، يەنە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى سىلەرنىڭ
كۈنلىرىڭلاردا، ئى ئاسىي جەمەت، مەن سۆز قىلىمەن ھەم ئۇنى
ئەمەلگە ئاشۇرىمەن» — دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار».
[26] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: —
[27] «ئى ئىنسان ئوغلى، مانا، ئىسرائىل جەمەتىدىكىلەر سېنىڭ
توغرۇلۇق: «ئۇ كۆرگەن ئالامەت كۆرۈنۈشلەر ئۇزۇن كۈنلەردىن كېيىنكى
ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ بىزگە يىراق كەلگۈسى توغرۇلۇق بېشارەت
بېرىدۇ» — دەيدۇ. [28] شۇڭا ئۇلارغا: — رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

---

**19:12** ئەز. 16:4

**22:12 «كۈنلەر ئۇزارتىلىدۇ، ھەربىر ئالامەت كۆرۈنۈش بىكارغا كېتىدۇ»** — بۇ ماقال بەلكىم ئىسرائىللارنىڭ كۆپ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا بولغان گۇمانلىرىنى ياكى بەلكى خەلقنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماسلىقتا بولغان باھانىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

«مېنىڭ سۆزلىرىمدىن ھېچقايسىسى يەنە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بەلكى قىلغان سۆزۈم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار» ــ دېگىن».

## ساختا پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئاگاھ

13
[1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، سەن ئىسرائىلنىڭ بېشارەت بەرگۈچى پەيغەمبەرلىرى، يەنى ئۆز تەسەۋۋۇرى بىلەن بېشارەت بەرگۈچىلەرنى ئەيىبلەپ بېشارەت بېرىپ: «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار!» ــ دېگىن.
[3] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۆز روھىغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان، ھېچ ۋەھىينى كۆرمىگەن ھاماقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! [4] ئى ئىسرائىل، سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭ خۇددى خارابىلەر ئارىسىدا يۈرۈۋاتقان تۈلكىلەردەك بولدى. [5] سىلەر بۆسۈلگەن جايلارغا چىقمىغانسىلەر، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىدە بولىدىغان جەڭدە پۇختا تۇرۇشى ئۈچۈن ئىسرائىل جەمەتىنىڭ بۇزۇلغان تېمىنى ھېچ ياسىمىدىڭلار.
[6] «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ» دېگۈچىلەر بولسا پەقەت ساختا بىر كۆرۈنۈشنى ۋە يالغان پالنى كۆرگەنلەردىن ئىبارەتتۇر؛ پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئەۋەتمىگەن؛ بىراق ئۇلار ئۆز سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. [7] سىلەر «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ» دېگىنىڭلاردا، مەن ھېچ سۆز قىلمىغان تۇرسام، سىلەر ساختا بىر «ئالامەت كۆرۈنۈش»نى كۆرگەن، يالغان پالنى ئېيتقان ئەمەسمۇ؟ [8] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەر ئويدۇرما سۆزلىگىنىڭلار، يالغان

---

5:13 «سىلەر بۆسۈلگەن جايلارغا چىقمىغانسىلەر، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىدە .. ئىسرائىل جەمەتىنىڭ بۇزۇلغان تېمىنى ھېچ ياسىمىدىڭلار» ــ بۇ گەپمۇ ساختا پەيغەمبەرلەرگە ئېيتىلغان: 4-ئايەت بويىچە ئۇلار «خارابىلەر ئارىسىدا يۈرگەن تۈلكىلەردەك» بولىدۇ ــ بەلكىم ئىسرائىل جەمئىيىتىنىڭ بۇزۇلغان ئەھۋالىغا زادىلا قارىماي، پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن كىچىككىنە بىر «ئۇۋا تۆشۈكىنى» كولاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

«ئالامەت كۆرۈنۈش»لەرنى كۆرگىنىڭلار تۇپەيلىدىن، ئەمدى مانا، مەن
سىلەرگە قارشىمەن، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، [9] ــ مېنىڭ قولۇم ساختا
«ئالامەت كۆرۈنۈش»نى كۆرگەن ۋە يالغان پالنى ئېيتقان پەيغەمبەرلەر
بىلەن قارشىلىشىدۇ؛ ئۇلار ئۆز خەلقىمنىڭ كېڭىشىدە ئولتۇرمايدۇ،
ئۇلار ئىسرائىل جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدە خاتىرىلەنمەيدۇ؛ ئۇلار
ئىسرائىلنىڭ زېمىنىغا ھېچ كىرگۈزۈلمەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر
مېنىڭ رەب پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر.
[10] بەرھەق، ئۇلار تىنچ-ئامانلىق بولمىغاندىمۇ «تىنچ-ئامانلىق!» دەپ
جار سېلىپ، خەلقىمنى ئېزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈن، بىرسى نېپىز ئارا
تامنى قوپۇرسا، ئۇلار كېلىپ پەقەت ئۇنى ھاك سۇۋاق بىلەن ئاقارتىپ
قويغانلىقى ئۈچۈن ــ [11] تامنى ھاك سۇۋاق بىلەن ئاقارتىۋاتقانلارغا:
«بۇ تام يىقىلىدۇ!» دېگىن! كەلكۈندەك بىر يامغۇر ياغىدۇ! ئى يوغان
مۆلدۈرلەر، سىلەر چۈشىسىلەر! دەھشەتلىك بىر شامال چىقىدۇ؛
[12] ۋە مانا، تام ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە، خەق سىلەردىن: «سىلەر بۇ تامنى
سۇۋىغان ھاك سۇۋاق قېنى!» دەپ سورىمامدۇ؟
[13] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۆز قەھرىم بىلەن دەھشەتلىك
بىر شامال پارتلىتىپ چىقىرىمەن؛ مېنىڭ ئاچچىقىمدىن كەلكۈندەك
بىر يامغۇر ۋە ھەممىنى ھالاك قىلىدىغان قەھرلىك مۆلدۈرلەر
ياغىدۇ. [14] شۇنىڭ بىلەن مەن سىلەر ھاك سۇۋاق بىلەن ئاقارتقان
تامنى غۇلىتىپ، ئۇنىڭ ئۇلىنى ئاشكارە قىلىپ، ئۇنى يەر بىلەن
يەكسان قىلىمەن؛ ئۇ غۇلاپ چۈشكەندە، سىلەر ئۇنىڭ ئارىسىدا ھالاك
بولىسىلەر؛ ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر.
[15-16] شۇنداق قىلىپ مەن قەھرىمنى تام ھەم ئۇنى ھاك سۇۋاق بىلەن
ئاقارتقانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈپ يىغاندىن چىقىمەن؛ ۋە: «تام يوق
بولدى، شۇنداقلا ئۇنى ھاك سۇۋاق بىلەن ئاقارتقانلار، يەنى يېرۇسالېم

---

**11:13 «تامنى ھاك سۇۋاق بىلەن ئاقارتىۋاتقانلارغا: «بۇ تام يىقىلىدۇ!» دېگىن!» ــ**
ئەزاكىيال ساختا پەيغەمبەرلەرنى مەسئۇلىيەتسىز تامچىلارغا ئوخشىتىدۇ. نېپىز بىر تامنى پۇختا سۇۋاپ كۆچەيتىشنىڭ ئورنىدا، ئۇلار پەقەت چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇنى ھاك بىلەن ئاقارتىدۇ

توغرۇلۇق بېشارەت بەرگۈچى، ھېچ تىنچ-ئامانلىق بولمىغاندىمۇ
ئۇ توغرۇلۇق تىنچ-ئامانلىقنى كۆرسەتكەن «ئالامەت كۆرۈنۈش»نى
كۆرگەن ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبەرلىرىمۇ يوق بولىدى» ــ دەيمەن.

## «ئايال پەيغەمبەرلەر» توغرۇلۇق بېشارەت

17 «ئەمدى سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە بېشارەت
بەرگۈچى ئۆز خەلقىڭنىڭ قىزلىرىغا يۈزۈڭنى قارىتىپ، ئۇلارنى
ئەيىبلەپ بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگىن: ــ
18 رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۆز بىغىشلىرىنىڭ ھەربىرىگە
سېھىرلىك بىلەزۈكلەرنى قاداپ، جانلارنى تۇزاققا ئىلىش
ئۈچۈن ھەرقانداق ئېگىز-پاكار ئادەملەرنىڭ بېشىغا پەرەنجىنى
ياسىغانلارغا ۋاي! ئەمدى سىلەر ئۆز خەلقىمنىڭ جانلىرىنى
تۇزاققا چۈشۈرۈپ، جانلىرىڭلارنى ساق قالدۇرىمىز دەۋاتامسىلەر؟
19 نەچچە تۇتام ئارپا، نەچچە چىشلەم ناننى دەپ سىلەر ماڭا
كۇپۇرلۇق قىلىپ، يالغان سۆزگە قۇلاق سالىدىغان مېنىڭ خەلقىمگە
يالغانچىلىقىڭلار ئارقىلىق ئۆلمەسكە تېگىشلىكلەرنى
ئۆلتۈرۈپ، تىرىك قالماسلىققا تېگىشلىكلەرنى ھايات
قالدۇرماقچىمۇسىلەر؟

---

16-15:13 **«مەن قەھرىمنى تام ھەم ئۇنى ھاك سۇۋاق بىلەن ئاقارتقانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈپ پىغاندىن چىقىمەن؛ ۋە ... دەيمەن»** ــ مەزكۇر بېشارەتتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئايەت بويىچە بۇ «نېپىز تام» يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ، ئەمدى ساختا پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ بۇزۇق يەرلىرىنى پۇختا قىلماي، پەقەت ھەممىسى چىرايلىق كۆرۈنسۇن دەپ ئۇنى «ساختا بېشارەتلەر» بىلەن ئاقارتىدۇ.
18:13 **«ئۆز بىغىشلىرىنىڭ ھەربىرىگە سېھىرلىك بىلەزۈكلەرنى قاداپ، ... ھەرقانداق ئېگىز-پاكار ئادەملەرنىڭ بېشىغا پەرەنجىنى ياسىغانلارغا ۋاي!»** ــ ئاياللار بۇ «بىلەزۈك» ۋە «پەرەنجە»لەرنى قانداق ئىشلەتكەنلىكى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئارقىلىق سېھىرلىك، جادۇگەرلىك يولىدا ھەرقانداق ئادەملەرنى دەمدى قىلىپ ئۆز ئىندىكىگە كەلتۈرمەكچى بولغان؛ 19-ئايەت تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلارنى بىزگە تەمىنلەيدۇ.
**19:13** مىك. 5:3

[20] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مانا، مەن سىلەرنىڭ قۇشلارنى تۇزاققا چۈشۈرگەندەك كىشىلەرنى تۇزاققا چۈشۈرگۈچى سېھىرلىك «تېڭىق»لىرىڭلارغا قارشىمەن، مەن ئۇلارنى بىلىكىڭلاردىن يىرتىپ تاشلايمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر قۇشلارنى تۇزاققا چۈشۈرگەندەك تۇتقان كىشىلەرنى ئەركىنلىككە ئۇچۇرۇۋېتىمەن.
[21] مەن سىلەرنىڭ پەرەنجىلىرىڭلارنىمۇ يىرتىپ تاشلىۋېتىپ، خەلقىمنى قولۇڭلاردىن قۇتقۇزىمەن؛ ئۇلار يەنە قولۇڭلاردا ئولجا بولۇپ تۇرمايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر.
[22] سىلەر يالغانچىلىق بىلەن، ئۆزۈم ئازار بەرمىگەن ھەققانىي ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، شۇنداقلا رەزىل ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قۇتقۇزۇشقا ئۇلارنى رەزىل يولىدىن ياندۇرماي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قولىنى كۈچەيتكىنىڭلار ئۈچۈن، [23] سىلەر قۇرۇق «ئالامەت كۆرۈنۈش»لەرنى ئىككىنچى بولۇپ كۆرمەيسىلەر، ياكى يالغان پالچىلىق قىلمايسىلەر؛ مەن ئۆز خەلقىمنى قولۇڭلاردىن قۇتقۇزىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر».

## بۇتپەرەسلىك قىلىدىغانلارغا ۋاي!

14 [1] ئىسرائىل ئاقساقاللىرىنىڭ بەزىلىرى مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئالدىمدا ئولتۇرۇشتى. [2] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[3] «ئى ئىنسان ئوغلى، مۇشۇ ئادەملەر ئۆز بۇتلىرىنى كۆڭلىگە تىكلەپ، ئادەملەرنى پۇتلاشتۇرىدىغان ئۆز قەبىھلىكىنى كۆز ئالدىغا قويغانىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ مېنى ئىزدەپ مەندىن يول

1:14 ئەز. 1:20

سورىشىنى قوبۇل قىلامدىمەن؟ 4 ئەمدى ئۇلارغا سۆز قىلىپ مۇنداق
دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئىسرائىل جەمەتىدىكى
كۆڭلىدە ئۆز بۇتلىرىنى تىكلەپ، ئادەملەرنى پۇتلاشتۇرىدىغان
ئۆز قەبىھلىكىنى كۆز ئالدىغا قويۇپ، ئاندىن پەيغەمبەر ئالدىغا
كېلىدىغان ھەربىر ئادەمنى بولسا، مەنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا
بۇتلىرىنىڭ كۆپلۈكى بويىچە جاۋاب قايتۇرىمەن. 5 شۇنداق قىلىپ
مەن ئىسرائىل جەمەتىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈمگە ئىگىلدۇرىمەن؛
چۈنكى ئۇلار بارلىق بۇتلىرى بىلەن ماڭا يات بولۇپ كەتتى».
6 ــ شۇڭا ئىسرائىل جەمەتىگە مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: «توۋا قىلىڭلار! بۇتلىرىڭلاردىن يېنىپ يېنىمغا
قايتىپ كېلىڭلار! بارلىق يىرگىنچلىك قىلمىشىڭلاردىن
يۈزۈڭلارنى ئۆرۈڭلار! 7 چۈنكى ئىسرائىل جەمەتىدىكى ئۆزلىرىنى
مەندىن ئايرىپ، ئۆز بۇتلىرىنى كۆڭلىدە تىكلەپ، ئادەملەرنى
پۇتلاشتۇرىدىغان ئۆز قەبىھلىكىنى كۆز ئالدىغا قويۇپ، ئاندىن
مەندىن سوراش ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان
ھەرقايسى ئادەم ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسرائىلدا تۇرۇۋاتقان
ھەرقايسى مۇساپىرلار بولسا، مەنكى پەرۋەردىگار ئۆزۈم ئۇلارغا
جاۋاب قايتۇرىمەن؛ 8 مەن مۇشۇ كىشىنى بىر ئاگاھ بېشارىتى قىلىپ
ئۇنى سۆز-چۆچەككە قالدۇرۇشقا يۈزۈمنى ئۇنىڭغا قارشى قىلىمەن؛
مەن خەلقىمنىڭ ئارىسىدىن ئۇنى ئۈزۈپ تاشلايمەن؛ شۇنىڭ بىلەن
سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر.
9 بىراق پەيغەمبەر ئۆزى ئېزىقتۇرۇلۇپ، بىر بېشارەتلىك سۆز قىلغان
بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزۈم پەرۋەردىگار شۇ پەيغەمبەرنى ئېزىتقۇغا
ئۇچراتقانمەن؛ مەن ئۇنىڭغا قارشى قولۇمنى ئۇزارتىپ، ئۇنى خەلقىم

**8:14** قان. 37:28؛ ئەز. 15:5

ئاربىسىدىن ھالاك قىلىمەن. [10] ئۇلار قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ؛
پەيغەمبەرگە بېرىلىدىغان جازا بىلەن سورىغۇچىغا بېرىلىدىغان جازا
ئوخشاش بولىدۇ. [11] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل جەمەتى يەنە مەندىن
چەتنەپ كەتمەيدۇ، ياكى يەنە ئاسىيلىقلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى
بۇلغىمايدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ خەلقىم، ۋە مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن»
ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار».

## كېلىۋاتقان جازانى ھەتتا ھەققانىي
## كىشىلەرمۇ ئىسرائىلدىن ياندۇرمايدۇ

[12] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[13] «ئى ئىنسان ئوغلى، مەلۇم بىر زېمىن ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھ
قىلغاندا، مەن شۇنىڭ بىلەن قولۇمنى ئۇنىڭغا قارشى ئۇزارتىپ،
ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى بولغان نېنىنى قۇرۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئاچارچىلىقنى ئەۋەتىمەن ھەم ئىنسان ۋە ھايۋانلارنى ئۇنىڭدىن
ئۈزىمەن؛ [14] ئەمدى ئۇ چاغدا نۇھ، دانىيال ۋە ئايۇپتىن ئىبارەت
ئۈچ ھەزرەت ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ھەققانىيلىقى
تۈپەيلىدىن پەقەت ئۆز جانلىرىنىلا ساقلىيالىغان بولاتتى ــ دەيدۇ رەب
پەرۋەردىگار.

---

9:14 **«بىراق پەيغەمبەر ئۆزى ئېزىقتۇرۇلۇپ، بىر بېشارەتلىك سۆز قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزۈم پەرۋەردىگار شۇ پەيغەمبەرنى ئېزىقتۇغا ئۇچراتقانمەن؛...»** ــ مۇشۇ دېگىنى، پەرۋەردىگار ئادەملەرنى ئېزىقتۇرۇشنى خالايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىراق ئۆز ئادىمى بولغان پەيغەمبەر ئادەمگە خۇشامەت قىلماقچى بولسا ياكى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يۈرىدىغان بولسا، ئەمدى شۇ چاغدا خۇدا ئۇنى ئازدۇرۇشى، ئېزىقتۇغا ئۇچرىتىشى ياكى يامان روھلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزى ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.

**9:14** ئەز. 1:13، 2، 9

13:14 **«يۆلەنچۈكى بولغان نېنى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نان بولغان ھاسىسى» دېيىلىدۇ؛ 16:4-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**13:14** لاۋ. 26:26؛ ئەز. 16:4؛ 16:5

14:14 **«ئۇ چاغدا نۇھ، دانىيال ۋە ئايۇپتىن ئىبارەت ئۈچ ھەزرەت ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان**

15 ئەگەر مەن زېمىندىن يىرتقۇچ هايۋانلارنى ئۆتكۈزسەم، ئۇلار ئۇنى
بالىلىرىدىن جۇدا قىلسا، هايۋانلار تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدىن ئۆتكۈچى
ھېچبىر ئادەم بولماي، ئۇ ۋەيرانە بولسا، 16 ئەمدى مەن ئۆز هاياتىم
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار ــ مۇشۇ ئۈچ هەزرەت
ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار نە ئۆز ئوغۇللىرى نە قىزلىرىنى
قۇتقۇزالمايتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆز جانلىرىنى قۇتقۇزالايتتى، زېمىنىنىڭ
ئۆزى ۋەيرانە پېتى قالاتتى.
17 ياكى بولمىسا مەن شۇ زېمىنغا قىلىچنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن
ئىنسان ھەم هايۋاننى ئۈزۈۋەتكەن بولسام، 18 ئەمدى هاياتىم بىلەن
قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار ــ مۇشۇ ئۈچ هەزرەت
ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار نە ئۆز ئوغۇللىرى نە قىزلىرىنى
ساقلاپ قۇتقۇزالمايتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆز جانلىرىنى قۇتقۇزالايتتى.
19 ياكى بولمىسا مەن شۇ زېمىنغا ۋابا كېسەللىنى چۈشۈرۈپ، ئۆز
قەھرىمنى قان تۆكتۈرۈلۈشى بىلەن ئۈستىگە تۆكسەم، ئۇنىڭدىن
ئىنسان ھەم هايۋاننى ئۈزۈۋەتكەن بولسام، 20 ئەمدى هاياتىم بىلەن
قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار ــ نۇھ، دانىيال ۋە
ئايۇپتىن ئىبارەت ئۈچ هەزرەت ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار نە
ئۆز ئوغلىنى نە قىزىنى قۇتقۇزالمايتتى؛ ئۇلار پەقەت هەققانىيلىقى
بىلەن ئۆز جانلىرىنى قۇتقۇزالايتتى.
21 ئەمدى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئەمدى شۇنداق بولغاندىن
كېيىن، ئىنسان ھەم هايۋاننى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا
تۆت جازايىمنى، يەنى قىلىچ، ئاچارچىلىق، يىرتقۇچ هايۋان ۋە ۋابا
كېسەللىنى چۈشۈرسەم قانداق بولار؟
22 بىراق مانا، ئۇنىڭدا قېلىپ قالغانلار بولىدۇ، يەنى ئوغۇل-قىزلار
ئۇنىڭدىن چىقىرىلىپ قۇتقۇزۇلىدۇ؛ مانا، ئۇلار سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا
چىقىپ، سىلەر ئۇلارنىڭ يوللىرى ھەم قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ

---

**بولسىمۇ،...»** ــ دانىيال پەيغەمبەر ئون ئۈچ يىل ئىلگىرى بابىلغا سۈرگۈن بولۇپ، ئاندىن نېبوقادنەسار ئۈچۈن باش ۋەزىر قىلىنغان.

يېتىسىلەر؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر مەن يېرۇسالېمغا چۈشۈرگەن كۈلپەت، يەنى ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن بارلىق ئىشلار توغرۇلۇق تەسەللى ئالىسىلەر؛ [23] ئەمدى سىلەر ئۇلارنىڭ يوللىرى ھەم قىلمىشلىرىنى كۆرگىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرگە تەسەللى ئېپكېلىدۇ؛ سىلەر مېنىڭ ئۇنىڭدا بارلىق قىلغان ئىشلىرىمنى بىكاردىن-بىكار قىلمىغانلىقىمنى تونۇپ يېتىسىلەر، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار».

## ئۈزۈم تېلى توغرۇلۇق تەمسىل

15 [1] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ [2] «ئى ئىنسان ئوغلى، ئۈزۈم تېلى ياغىچىنىڭ باشقا دەرەخ ياغاچلىرىدىن نېمە ئارتۇقچىلىقى بار، ئۇنىڭ شېخىنىڭ ئورماندىكى دەرەخلەر ئارىسىدا نېمە ئالاھىدىلىكى بار؟ [3] ئۇنىڭدىن بىرەر جابدۇقنى ياساشقا ماتېرىيال ئالغانىڭ پايدىسى بارمۇ؟ ئۇنىڭدىن چىنىلەرنى ئاسقۇدەك قوزۇقنى ياسىغىلى بولامدۇ؟ [4] مانا، ئۇ ئوتقا يېقىلغۇ بولغاندا، ئوت ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىنى كۆيدۈرگەندە، ئوتتۇرىسىمۇ يېرىم كۆيگەندە، ئەمدى ئۇنى بىرەر ئىشقا ئىشلەتكىلى بولامدۇ؟ [5] مانا، ئۇ ساق بولغاندا، ھېچقانداق ئىشقا ئىشلەتكىلى بولمىغان يەردە، ئەمدى ئوت ئۇنى كۆيدۈرۈپ يەپ كەتكەندە، ئۇنى بىرەر ئىشقا ئىشلەتكىلى بولامدۇ؟

[6] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئورماندىكى دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئۈزۈم تېلىنىڭ ياغىچىنى ئوتقا تاپشۇرغىنىمدەك، يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنى ئوتقا تاپشۇرىمەن. [7] يۈزۈمنى ئۇلارغا

23:14 **«ئەمدى سىلەر ئۇلارنىڭ يوللىرى ھەم قىلمىشلىرىنى كۆرگىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرگە تەسەللى ئېپكېلىدۇ...»** ــ ئەسلىدە سۈرگۈن بولغانلار يېرۇسالېمغا چۈشكەن بالايىئاپەتنى ئاڭلاپ بەلكىم ئىنتايىن ئازابلىنىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق قاچقانلار كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى ۋە قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئادىل جازاسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، «بۇ جازا ھەممىسى دۇرۇس» دەپ كۆڭلى جايىغا چۈشۈشى كېرەك

قارشى قىلىپ قارىتىمەن؛ ئۇلار بىر ئوتتىن چىقسا، باشقا بىر ئوت
ئۇلارنى يەۋېتىدۇ. ئۆز يۈزۈمنى ئۇلارغا قارشى بولۇپ قاراتقاندا، سىلەر
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر. [8] ئۇلارنىڭ
قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرى تۈپەيلىدىن مەن زېمىننى ۋەيرانە قىلىمەن»
ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار».

## ۋاپاسىز يېرۇسالېم

16 [1] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، ئۆزىنىڭ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى
يېرۇسالېمنىڭ يۈزىگە سېلىپ مۇنداق دېگىن: ــ
[3] رەب پەرۋەردىگار يېرۇسالېمغا مۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ ئەسلى
زاتىڭ ۋە تۇغۇلۇشۇڭ قانائانىيلارنىڭ زېمىنىدا بولغان؛ سېنىڭ ئاتاڭ
ئامورىي، ئاپاڭ ھىتتىي قىز ئىدى. [4] سېنىڭ تۇغۇلۇشۇڭغا كەلسەك، سەن
تۇغۇلغان كۈنۈڭدە كىندىكىڭ كېسىلمىگەن، سەن سۇدا يۇيۇلۇپ پاكىز
قىلىنمىغان؛ ھېچكىم ساڭا تۇز سۈركىمىگەن ياكى سېنى زاكىلىمىغان.
[5] ھېچكىمنىڭ كۆزى مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن ساڭا رەھىم قىلمىغان ياكى
ئىچىنى ساڭا ئاغرىتمىغان؛ ئەكسىچە سەن دالاغا تاشلىۋېتىلگەنسەن،
چۈنكى تۇغۇلغان كۈنۈڭدە كەمسىتىلگەنسەن.

---

**8:15 «...ئۇلارنىڭ قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرى تۈپەيلىدىن مەن زېمىننى ۋەيرانە قىلىمەن»** ــ بۇ بابتىكى «ئۈزۈم تېلى» دېگەن تەمسىل ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**3:16 «...سېنىڭ ئاتاڭ ئامورىي، ئاپاڭ ھىتتىي قىز ئىدى»** ــ ئىسرائىلنىڭ ئەجدادى ئىبراھىم ۋە ئايالى ساراھ، ئەلۋەتتە. مۇشۇ ئايەت ۋە كېيىنكى 1-14-ئايەتلەرنىڭ بەلكىم ئۈچ مۇھىم مەزمۇنى بار: (1) ئىبراھىم ئۆزى ئەسلى قانائاندىكىلەردەك بۇتپەرەس ئادەم ئىدى («يە.» 2:24) ــ خۇدا ئۇنى زور مېھىر-شەپقىتىدىن ئۆزىنىڭ ئادىمى بولۇشى ئۈچۈن تاللىۋالغان؛ (2) پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپ ھالدا، ئىسرائىل قانائان زېمىنىغا كىرگەندە ئۇلارنىڭ كۆپ ئوغۇل-قىزلىرى يەرلىك (بۇتپەرەس قانائانىي، ئامورىي، ھىتتىي) قىز-يىگىتلەر بىلەن توي قىلغان؛ (3) ئىسرائىل قانائان زېمىنىغا كىرگەندە قانائاندىكىلەرنىڭ بۇتپەرەس يامان ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا ئىنتايىن ئوخشاش بولۇپ كەتكەنىدى.

[6]شۇ چاغدا مەن يېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سېنى ئۆز قېنىڭدا
ئېغىناپ ياتقىنىڭنى كۆرگەن؛ ۋە مەن ئۆز قېنىڭدا ياتقان ھالىتىڭدە
ساڭا: «ياشىغىن!» ــ دېدىم. بەرھەق، سەن ئۆز قېنىڭدا ياتقان
ھالىتىڭدە مەن ساڭا: «ياشىغىن!» ــ دېدىم.
[7]مەن سېنى دالادىكى ئوت-چۆپلەردەك ئاينىتتىم؛ سەن ئۆسۈپ
خېلى بوي تارتىپ چىرايلىق بېزىلىپ ۋايىغا يەتتىڭ؛ كۆكسىلىرىڭ
شەكىللەندى، چاچلىرىڭ ئۇزۇن ئۆستى؛ بىراق سەن تېخى تۇغما-
يالىڭاچ ئىدىڭ. [8]مەن يەنە يېنىڭدىن ئۆتۈۋېتىپ ساڭا قارىدىم؛ مانا،
ئىشق-مۇھەببەت مەزگىلىڭ يېتىپ كەلدى؛ مەن تونۇمنىڭ پېشىنى
ئۇستۇڭگە يېيىپ قويۇپ، يالىڭاچلىقىڭنى ئەتتىم؛ مەن ساڭا قەسەم
ئىچىپ، سەن بىلەن بىر ئەھدە تۈزدۇم، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، ۋە سەن
مېنىڭكى بولدۇڭ. [9]مەن سېنى سۇ بىلەن يۇيۇپ، قېنىڭنى تېنىڭدىن
يۇيۇۋېتىپ، ساڭا پۇراقلىق ماينى سۇرتتۇم. [10]مەن ساڭا كەشتىلىك
كۆڭلەكنى كىيگۈزۈپ، ئايىغىڭغا دەلفىن تېرىسىدىن تىككەن
كەشلەرنى سېپتىم؛ سېنى نېپىس كاناپ بىلەن ئوراپ، يىپەك بىلەن
يېپىپ قويدۇم. [11]سېنى زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن پەردازلىدىم، قوللىرىڭغا
بىلەزۈكلەرنى، بوينۇڭغا مارجاننى تاقاپ قويدۇم؛ [12]بۇرنۇڭغا ھالقىنى،
قۇلاقلىرىڭغا زىرىلەرنى، بېشىڭغا گۈزەل تاجنى كىيگۈزدۈم. [13]شۇنداق
قىلىپ سەن ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن پەردازلاندىڭ؛ كىيىم-كېچەكلىرىڭ
نېپىس كاپاپ، يىپەك ۋە كەشتىلىك رەختتىن ئىدى. يېگىنىڭ ئاق
ئۇن، بال ھەم زەيتۇن مېيى ئىدى؛ سەن ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، خانىش
مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلدۈڭ. [14]گۈزەللىكىڭ تۈپەيلىدىن ئەللەردە

**7:16 «سەن ئۆسۈپ خېلى بوي تارتىپ چىرايلىق بېزىلىپ ۋايىغا يەتتىڭ»** ــ ئاخىرقى جۈملىگە قارىغاندا، «چىرايلىق بېزىلىپ ۋايىغا يەتتىڭ» دېگەن سۆز كۆكسىلىرى ۋە چاچلىرى تولۇق ئۆسكەنلىكىنى كۆرستىشى مۇمكىن.

**8:16 «مەن تونۇمنىڭ پېشىنى ئۇستۇڭگە يېيىپ قويۇپ، يالىڭاچلىقىڭنى ئەتتىم»** ــ قەدىمكى زامانلاردا ئەركەك كىشى قىزنىڭ ئۇستىگە كىيىم-كېچىكىنى يېپىشى شۇ قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. «رۇت» 9:3، «قان.» 30:22-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**8:16** يار. 16:22؛ 7:24

داڭقىڭ چىقتى؛ چۈنكى مەن ساڭا كۆركەملىكىمنى بېغىشلىشىم بىلەن گۈزەللىكىڭ كامالەتكە يەتتى، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[15] بىراق سەن گۈزەللىكىڭگە تايىنىپ، داڭقىڭدىن پايدىلىنىپ پاھىشە بولدۇڭ؛ سەن ھەربىر ئۆتكۈچى كىشىگە پاھىشە مۇھەببەتلىرىڭنى تۆكتۈڭ؛ گۈزەللىكىڭ ئۇنىڭ بولدى! [16] سەن كىيىم-كېچەكلىرىڭدىن ئېلىپ ئۆزۈڭ ئۈچۈن رەڭگارەڭ بېزەلگەن «يۇقىرى جايلار»نى ياساپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بۇزۇقلۇق قىلغانسەن. بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ باقمىغان، ۋە ئىككىنچى يۈز بەرمەيدۇ!
[17] سەن مەن ساڭا بېغىشلىغان گۈزەل زىبۇ-زىننەتلىرىم ۋە ئالتۇن-كۈمۈشۈم بىلەن ئەركەك مەبۇدلارنى ياساپ ئۇلار بىلەن بۇزۇقلۇق قىلغانسەن. [18] سەن ئۆز كەشتىلىك كىيىملىرىڭنى ئېلىپ ئۇلارغا كىيگۈزدۈڭ؛ مېنىڭ مېيىم ۋە مېنىڭ خۇشبۇيۇمنى ئۇلارغا سۇنۇپ بېغىشلىدىڭ؛ [19] مەن ئۆزۈڭگە بەرگەن نېنىمنى، مەن ساڭا ئوزۇقققا بەرگەن ئاق ئان، زەيتۇن مېيى ۋە بالنى بولسا، سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا خۇشپۇراق ھەدىيە سۈپىتىدە ئاتاپ سۇندۇڭ: ئىشلار دەل شۇنداق ئىدى! ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[20] ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئۆزۈمگە تۇغۇپ بەرگەن قىز-ئوغۇللىرىڭنى ئېلىپ، مەبۇدلارنىڭ ئوزۇقى بولسۇن دەپ ئۇلارنى قۇربانلىق قىلدىڭ. سېنىڭ بۇزۇقلۇقۇڭ ئازلىق قىلغاندەك، [21] سەن مېنىڭ باللىرىمنى سويۇپ ئۇلارنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈپ مەبۇدلارغا ئاتاپ قويدۇڭغۇ؟
[22] سېنىڭ بارلىق يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭ ھەم پاھىشە بۇزۇقلۇقلىرىڭدا، سەن ياشلىقىڭدا تۇغما-يالىڭاچ بولۇپ ئۆز

16:16 **«يۇقىرى جايلار»** ــ بۇتپەرەسلىك قىلىدىغان جايلار: 3:6-ئايەتنىڭ ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.
17:16 **«ئالتۇن-كۈمۈشۈم بىلەن ئەركەك مەبۇدلارنى ياساپ ئۇلار بىلەن بۇزۇقلۇق قىلغانسەن»** ــ «بۇزۇقلۇق» بولسا بۇتقا چوقۇنۇشنى ئىنساننىڭ خۇداغا بولغان ۋاپاسىزلىقىغا ئوخشىتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، قانائاندىكى بۇتلارغا چوقۇنۇشتەك «دىنىي مۇراسىملار» كۆپ ۋاقىتلاردا شەھۋانىي بۇزۇقلۇق، پاھىشىۋازلىق بىلەن باغلىق ئىدى.
**21:16** يەش. 5:57

قىنىڭدا ئىغىناپ ياتقان كۆنلىرىڭنى ھېچقاچان ئېسىڭگە
كەلتۈرمىدىڭ. [23] ئەمدى سېنىڭ بۇ رەزىللىكلىرىڭدىن كېيىن ــ (ۋاي،
ھالىڭغا ۋاي! ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار) [24] سەن يەنە ئۆزۈڭ ئۈچۈن بىر
پەشتاق قۇرۇپ، ھەربىر مەيدانغا بىر «يۇقىرى جاي»نى ياسىدىڭ؛
[25] سەن ھەربىر كوچىنىڭ بېشىدا «يۇقىرى جاي»ىڭنى سالدىڭ؛ سەن
ئۆز گۈزەللىكىڭنى يىرگىنچلىك قىلىپ، تېنىڭنى ھەربىر ئۆتكۈچىگە
تۇتۇپ، پۇتۇڭنى ئېچىپ ئۆزۈڭنى بېرىپ پاھىشە بۇزۇقلۇقۇڭنى
كۆپەيتتىڭ. [26] سەن ئىشقۋاز ئەرلىكى چوڭ قوشناڭ بولغان مىسىرلىقلار
بىلەن بۇزۇقلۇق ئۆتكۈزدۈڭ؛ مېنىڭ ئاچچىقىمنى قوزغاپ، پاھىشە
بۇزۇقلۇقۇڭنى كۆپەيتتىڭ. [27] ۋە مانا، مەن ئۆز قولۇمنى ئۈستۈڭگە
ئۇزارتىپ، سېنىڭ نېسىۋەڭنى ئازايتىپ قويدۇم. مەن سېنىڭدىن
نەپرەتلىنىدىغان، بۇزۇق يولۇڭدىن نومۇس قىلىپ چۆچىگەنلەرنىڭ،
يەنى فىلىستىيلەرنىڭ قىزلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم.
[28] سەن يەنە قانماي يەنە ئاسۇرىيلىكلەر بىلەن بۇزۇقلۇق ئۆتكۈزدۈڭ؛
بۇزۇقلۇق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يەنە قانائەت قىلمىدىڭ. [29] شۇڭا سەن
سودىگەرنىڭ زېمىنى، يەنى كالدىيە بىلەن بولغان بۇزۇقلۇقۇڭنى
كۆپەيتىپ، بۇنىڭدىن يەنە قانائەت قىلمىدىڭ. [30] مۇشۇنداق بارلىق
ئىشلارنى، يەنى نومۇسسىز پاھىشە ئايالنىڭ ئىشلىرىنى قىلىسەن،
نېمانچە سۇيۇق سېنىڭ قەلبىڭ! ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، [31] ئۆزۈڭنىڭ
پەشتىقىڭنى ھەر كوچىنىڭ بېشىدا قۇرىدىغان، ھەربىر مەيداندا
«يۇقىرى جاي»ىڭنى ياسايدىغان! ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن پاھىشە
ئايالدەك ئەمەس ئىدىڭ، چۈنكى سەن ھەقنى نەزىرىڭگە ئالمايتتىڭ!
[32] ئى ۋاپاسىز ئايال، ئېرىنىڭ ئورنىدا يات ئادەملەرگە كۆڭۈل
بېرىدىغان! [33] خەقلەر پاھىشە ئايالغا ھەمىشە ھەق بېرىدۇ؛ بىراق

---

24:16 **«سەن... ھەربىر مەيدانغا بىر «يۇقىرى جاي»نى ياسىدىڭ»** ــ پاھىشە ئاياللار بەلكىم كوچىلاردا يۇقىرى بىر جايدا تۇرۇپ «خېرىدارلار»نى چاقىراتتى. مۇشۇ يەردە «يۇقىرى جاي» ئەمدى ئىككى بىسلىق بولۇپ، يەنە «بۇتقا چوقۇنىدىغان جايلار»نى كۆرسىتىدۇ.

**27:16** 2تار. 18:28

سەن ئاشنىلىرىڭنى بۇزۇقلۇق مۇھەببەتلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىشقا
ھەرياندىن يېنىڭغا كەلسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇستەك
بېرىپ ئىنئام قىلىسەن؛ 34 بۇزۇقلۇقتا سەن باشقا ئاياللارنىڭ
ئەكسىسەن، چۈنكى ھېچكىم سېنىڭ بۇزۇق مۇھەببىتىڭنى ئىزدەپ
كەلمىدى؛ سەن ئۇستەك بەردىڭ، ھېچ ھەق ساڭا بېرىلمىدى ــ سەن
ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئەكسىسەن!
35 شۇڭا، ئى پاھىشە ئايال، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا!
36 ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سېنىڭ تەڭگىلىرىڭ تۆكۈلۈپ،
ئاشنىلىرىڭ بىلەن بولغان بۇزۇقلۇقلىرىڭ بىلەن سېنىڭ ئۇيات
يېرىڭ ئاشكارىلانغانلىقى تۈپەيلىدىن، بارلىق يىرگىنچلىك
مەبۇدلىرىڭ تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا ئاتاپ سۇنغان بالىلىرىڭنىڭ
قېنى تۈپەيلىدىن ــ
37 شۇڭا مانا، مەن سېنىڭ ئۆزۈڭگە ئەيش-ئىشرەت مەنبەسى
قىلغان، بارلىق سۆيگەن ھەم بارلىق نەپرەتلەنگەن ئاشنىلىرىڭنى
يىغىمەن ــ مەن ئۇلارنى ساڭا قارشى چىقىرىپ ئەتراپىڭدىن يىغىپ،
سېنىڭ ئۇيات يېرىڭنى ئۇلارغا ئاشكارە قىلىمەن، ئۇلار سېنىڭ
بارلىق ئۇيات يېرىڭنى كۆرىدۇ. 38 شۇنىڭ بىلەن سېنى بۇزۇقلۇق
قىلغان ھەم قان تۆككەن ئاياللارنى جازالىغاندەك جازالايمەن؛ مەن
قەھر بىلەن، ئوتتەك غەزىپىمنىڭ تەلپىي بىلەن ئۇستۇڭگە قانلىق
جازانى چۈشۈرىمەن؛ 39 ۋە مەن سېنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛
ئۇلار سېنىڭ پەشتاقلىرىڭنى غۇلىتىدۇ، سېنىڭ «يۇقىرى
جاي»لىرىڭنى چېقىپ تاشلايدۇ؛ ئۇلار كىيىم-كېچەكلىرىڭنى
ئۇستۇڭدىن سالدۇرۇپ تاشلاپ، گۆزەل زىبۇ-زىننەتلىرىڭنى بۇلاپ-
تالاپ، سېنى تۇغما-يالىڭاچ قالدۇرىدۇ. 40 ئۇلار ساڭا قارشى بىر توپ
كىشىلەرنى يىغىپ ئېپكېلىدۇ، ئۇلار سېنى چالما-كېسەك قىلىدۇ
ھەم سېنى قىلىچلىرى بىلەن چېپىۋېتىدۇ. 41 ئۇلار ئۆيلىرىڭنى
ئوت بىلەن كۆيدۈرىدۇ، كۆپ ئاياللارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇستۇڭگە
جازالارنى چۈشۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مەن سېنى پاھىشە ئايال

بولۇشتىن قالدۇرىمەن؛ سەن يەنە ھېچقانداق «مۇھەببەت ھەققى»نى
بەرمەيسەن.
[42] شۇنىڭ بىلەن مەن ساڭا قاراتقان قەھرىمنى توختىتىمەن،
مېنىڭ مۇقەددەسلىكىمدىن چىققان غەزەپ سەندىن كېتىدۇ؛ مەن
تىنچلىنىپ قايتا ئاچچىقلانمايمەن. [43] سەن ياشلىق كۈنلىرىڭنى
ئېسىڭگە كەلتۈرمىدىڭ، ئەكسىچە مۇشۇ قىلمىشلىرىڭ بىلەن
مېنى غەزەپلەندۈردۈڭ؛ شۇڭا مانا، ئۆز يولۇڭنى ئۆز بېشىڭغا
قايتۇرىمەن، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، ــ شۇنىڭ بىلەن بۇ بۇزۇقلۇقنى
باشقا يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭ ئۈستىگە قوشۇپ ئىككىنچى
قىلمايسەن.

## يېرۇسالېم، سامارىيە ۋە سودوم

[44] مانا، ماقالالارنى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى سەن توغرۇلۇق:
«ئانىسى قانداق بولسا، قىزى شۇنداق بولار» دېگەن بىر ماقالنى تىلغا
ئالىدۇ. [45] سەن ئۆز ئېرى ھەم بالىلىرىدىن نەپرەتلەنگەن ئاناڭنىڭ
قىزىدۇرسەن؛ ھەم ئۆز ئەرلىرى ھەم بالىلىرىدىن نەپرەتلەنگەن ئاچا-
سىڭىللىرىڭنىڭ ئارىلىقىدىكىسەن؛ سېنىڭ ئاناڭ بولسا ھىتتىي،
سېنىڭ ئاتاڭ ئاموريي ئىدى. [46] سېنىڭ ئاچاڭ بولسا سول تەرىپىڭدە

**41:16** 2پاد. 9:25؛ يەر. 13:52

**42:16** **«مېنىڭ مۇقەددەسلىكىمدىن چىققان غەزەپ»** ــ ئىبرانيي تىلدا «مېنىڭ ھەسستىم».

**43:16** **«...بۇ بۇزۇقلۇقنى باشقا يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭ ئۈستىگە قوشۇپ ئىككىنچى قىلمايسەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...بۇ بۇزۇقلۇقنى باشقا نەپرەتلىك قىلمىشلىرىڭ ئۈستىگە قوشۇپ قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟»

**43:16** ئەز. 10:9؛ 21:11؛ لاۋ. 29:19

**45:16** **«سېنىڭ ئاناڭ بولسا ھىتتىي، سېنىڭ ئاتاڭ ئاموريي ئىدى»** ــ 3-ئايەتتىكى ئىزاھاتتا ئېيتىلغاندەك: ــ ئىسرائىلنىڭ ئەجدادى ئىبراھىم ۋە ئايالى ساراھ، ئەلۋەتتە. مۇشۇ ئايەت ۋە كېيىنكى -1-14ئايەتلەرنىڭ بەلكىم ئۈچ مۇھىم مەزمۇنى بار: (1) ئىبراھىم ئۆزى ئەسلى قانائانلىقلاردەك بۇتپەرەس ئادەم ئىدى («يە.» 2:24) ــ خۇدا ئۇنى زور مېھىر-شەپقىتىدىن ئۆزىنىڭ ئادىمى بولۇشى ئۈچۈن تاللىۋالغان؛ (2) پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپ ھالدا، ئىسرائىل قانائان

**تۇرغان سامارىيە، يەنى ئۇ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى؛ سىڭلىڭ بولسا ئۇڭ
تەرىپىڭدە تۇرغان سودوم ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى.
[47] سەن نە ئۇلارنىڭ يوللىرىدىدا ماڭمىغان، نە ئۇلارنىڭ يىرگىنچلىك
قىلمىشلىرى بويىچە ئىش قىلمىغانسەن؛ ياق! بەلكى قىسقىغىنە بىر
ۋاقىت ئىچىدە سەن بارلىق يوللىرىڭدا ئۇلاردىن بۇزۇق بولۇپ كەتتىڭ.
[48] ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار،
ــ سىڭلىڭ سودوم، يەنى ئۇ ياكى قىزلىرى سەن ياكى سېنىڭ
قىزلىرىڭنىڭ قىلمىشلىرىدەك قىلمىدى؛ [49] مانا، مۇشۇ سىڭلىڭ
سودومنىڭ قەبىھلىكى ــ ئۇ ۋە قىزلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇقى، نانلىرى
مول، ئەندىشىسىز ئازادىلىك كۈنلىرىدە ئاجىز-نامراتلارنىڭ قولىنى
ھېچ كۈچەيتمىگەنلىكى ئىدى. [50] ئۇلار تەكەببۇرلىشىپ، مېنىڭ
ئالدىمدا يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلدى؛ مەن بۇنى كۆرگىنىمدە،
ئۇلارنى يوقاتتىم.
[51] سامارىيە بولسا سېنىڭ گۇناھلىرىڭنىڭ يېرىمىدەكمۇ گۇناھ سادىر
قىلمىدى؛ ھالبۇكى، سەن بولساڭ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭنى**

---

زېمىنىغا كىرگەندە ئۇلارنىڭ كۆپ ئوغۇل-قىزلىرى يەرلىك (بۇتپەرەس قانائانىي، ئامورىي، ھىتتىي) قىز-يىگىتلەر بىلەن توي قىلغان؛ (3) ئىسرائىل قەبىلىرى زېمىنىغا كىرگەندە قەنئانىدىكىلەرنىڭ بۇتپەرەس يامان ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا ئىناتايىن ئوخشاش بولۇپ كەتكەنىدى.

47:16 **«بەلكى قىسقىغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە سەن بارلىق يوللىرىڭدا ئۇلاردىن بۇزۇق بولۇپ كەتتىڭ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بەلكى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاز دەپ، سەن بارلىق يوللىرىڭدا ئۇلاردىن بۇزۇق بولۇپ كەتتىڭ».

48:16 **«سىڭلىڭ سودوم، يەنى ئۇ ياكى قىزلىرى سەن ياكى سېنىڭ قىزلىرىڭنىڭ قىلمىشلىرىدەك قىلمىدى»** ــ بەلكىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئىبراھىمنىڭ دەۋرىدە سودوم شەھىرى ئەسلى بەچچىۋازلىق گۇناھى ئۈچۈن خۇدا تەرىپىدىن ئوت بىلەن ھالاك قىلىنغان.

49:16 **«مانا، مۇشۇ سىڭلىڭ سودومنىڭ قەبىھلىكى ــ ئۇ ۋە قىزلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇقى، نانلىرى مول، ئەندىشىسىز ئازادىلىك كۈنلىرىدە ئاجىز-نامراتلارنىڭ قولىنى ھېچ كۈچەيتمىگەنلىكى ئىدى»** ــ بۇ ئايەت سودومنىڭ بەچچىۋازلىقىدىكى ئاساسىي گۇناھلىرىنى كۆرسىتىپ، بۈگۈنكى كۆپ باي دۆلەتلەرگە ياكى باي ئادەملەرگە چوڭقۇر ئاگاھ بېرىدۇ.

**49:16** يار. 18:20-21؛ 19؛ ئام. 5:12

**50:16** يار. 19:24

ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئاۋۇتۇپ قىلدىڭ؛ شۇنداق قىلىپ سەن
يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن ئاچا-سىڭىلىڭنى
خۇددى ھەققانىيدەك كۆرۈندۈرگەنىدىڭ. [52] سەن ئەسلىدە ئۆز ئاچا-
سىڭىلىڭنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى ئىدىڭ؛ ئەمدى سەنمۇ،
ئۆز شەرمەندىلىكىڭنى كۆتۈرۈپ يۈر! سېنىڭ ئۇلارنىڭكىدىن
تېخىمۇ نەپرەتلىك گۇناھلىرىڭ تۈپەيلىدىن ئۇلار سەندىن ھەققانىي
كۆرۈنىدۇ؛ شۇڭا سەنمۇ ئاچا-سىڭىلىڭنى ھەققانىي كۆرسەتكىنىڭ
تۈپەيلىدىن خىجالەتكە قېلىپ شەرمەندىلىكىڭنى كۆتۈرۈپ يۈر!
[53] ۋە مەن ئۇلارنى سۈرگۈندىن، يەنى سودوم ھەم قىزلىرىنى سۈرگۈندىن،
سامارىيە ھەم قىزلىرىنى سۈرگۈندىن چىقىرىپ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ
ئارىسىغا سۈرگۈن بولغانلىرىڭنى چىقىرىپ سۈرگۈنلۈكتىن ئەسلىگە
كەلتۈرىمەن؛ [54] شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا تەسەللى بەرگىنىڭدە، سەن ئۆز
شەرمەندىلىكىڭنى كۆتۈرىسەن، سېنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىڭ

---

51:16 **«سامارىيە بولسا سېنىڭ گۇناھلىرىڭنىڭ يېرىمىدەكمۇ گۇناھ سادىر قىلمىدى..»** — «سامارىيە» مۇشۇ يەردە «شىمالىي پادىشاھلىق»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىسرائىلنىڭ ئون قەبىلىلىك «شىمالىي پادىشاھلىق»ىنىڭ پايتەختى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن خۇدا ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 722-يىلدا ئۇلارنى جازالاپ سۈرگۈن قىلدى

52:16 **«سەن ئەسلىدە ئۆز ئاچا-سىڭىلىڭنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى ئىدىڭ؛...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن ئاچا-سىڭىلىڭنىڭ ئۈستىدىن ياخشى بىر ھۆكۈم چىقارغۇچى بولۇپ قالدىڭ؛...» — دېمەك، «ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرىڭغا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئادىل دەپ كۆرسەتتىڭ». بىراق 56-ئايەت بىزنىڭ تەرجىمىمىزنى قوللايدۇ، دەپ قارايمىز.

53:16 **«مەن ئۇلارنى سۈرگۈندىن، يەنى سودوم ھەم قىزلىرىنى سۈرگۈندىن.. چىقىرىپ، ... ئەسلىگە كەلتۈرىمەن»** — سودوم شەھىرى ئەسلى «ئۆلۈك دېڭىز» بويىدا ئىدى. «ئۆلۈك دېڭىز»نىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 537-يىلدىن باشلاپ قايتىدىن ئاھالىلىك بولدى. سودوم شەھىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى دەل قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. **«... سامارىيە ھەم قىزلىرىنى سۈرگۈندىن چىقىرىپ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سۈرگۈن بولغانلىرىڭنى چىقىرىپ سۈرگۈنلۈكتىن ئەسلىگە كەلتۈرىمەن»** — بۇ بېشارەت بەلكىم پارس ئىمپېراتورى قورەشنىڭ بابىل ئىمپېرىيەسى سۈرگۈن قىلغان خەلقلەرنى ئازاد قىلىشلىرى بىلەن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى) قىسمەن باشلانغان؛ كەلگۈسىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز: 37-بابتا، «يەھۇدا» ۋە «ئىسرائىل»نىڭ يېڭىدىن «بىر خەلق» بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق يەنە بىر بېشارەت بار.

تۇپەيلىدىن خىجالەتكە قالىسەن. [55] سېنىڭ ئاچا-سىڭلىڭ، سودوم ھەم قىزلىرى ئەسلى ھالىغا، سامارىيە ھەم قىزلىرىمۇ ئەسلى ھالىغا كېلىدۇ؛ سەنمۇ ۋە سېنىڭ قىزلىرىڭ ئەسلىي ھالىڭلارغا كېلىسىلەر. [56-57] سېنىڭ رەزىللىكىڭ پاش قىلىنماي، تەكەببۇرلۇقتا يۈرگەن كۈنۈڭدە، سىڭلىڭ سودوم ئاغزىڭدا سۆز-چۆچەك بولغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدى ھازىر سەن ئۆزۈڭ سۈرىيە قىزلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەمدە فىلىستىيە قىزلىرى، يەنى سېنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ مازاق ئوبيېكتى بولۇپ قالدىڭ.

[58] سەن بۇزۇقلۇقۇڭ، يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭنىڭ جازاسىنى كۆتۈرىسەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار. [59] چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۆز قىلغانلىرىڭ، يەنى ئىچكەن قەسەمىڭنى كەمسىتىپ، ئەھدىنى بۇزغانلىقىڭ بويىچە سېنى بىر تەرەپ قىلىمەن؛ [60] ھالبۇكى، مەن سېنىڭ بىلەن ياشلىق كۈنلىرىڭدە تۈزگەن ئەھدەمنى ئەسلەيمەن، ھەم سەن بىلەن مەڭگۈلۈك بىر ئەھدە تۈزىمەن. [61] شۇنىڭ بىلەن سەن ئۆزۈڭدىن چوڭ ئاچىلىرىڭ ھەمدە سېنىڭدىن كىچىك سىڭىللىرىڭنى تاپشۇرۇۋالغىنىڭدا، سەن يوللىرىڭنى ئېسىڭگە كەلتۈرۈپ خىجالەتكە قالىسەن؛ چۈنكى مۇشۇ ئاچا-سىڭىللىرىڭنى ساڭا قىزلار سۈپىتىدە تاپشۇرىمەن؛ بىراق بۇ ئىشلار سېنىڭدىكى

---

54:16 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا تەسەللى بەرگىنىڭدە...»** ــ بۇ تەسەللى بولسا ئەللەرنىڭ قالغانلىرىنىڭ يەھۇدا ۋە يېرۇسالېمغا چۈشۈرۈلگەن جازانى كۆرۈپ «بىز يامانلىق قىلدۇق، بىراق ئۇلار بىزدىن تېخىمۇ يامان قىلدى، تېخىمۇ ئېغىر جازانى كۆردى» دەپ تاپقان تەسەللىسى بولۇشى كېرەك.

57-56:16 **«سىڭلىڭ سودوم ئاغزىڭدا سۆز-چۆچەك بولغان ئەمەسمىدى؟»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سىڭلىڭ سودومنى ھەتتا تىلغا ئالمايتتىڭ».

57-56:16 يەش. 9:10-16

59:16 **«ئۆز قىلغانلىرىڭ، يەنى ئىچكەن قەسەمىڭنى كەمسىتىپ، ئەھدىنى بۇزغانلىقىڭ بويىچە...»** ــ «ئەھدە» شۈبھىسىزكى، خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق تۈزگەن ئەھدە («مىس.» 19-20-بابنى كۆرۈڭ).

ئەھدە تۈپەيلىدىن بولمايدۇ. [62] مەن ئۆز ئەھدەمنى سەن بىلەن
تۈزىمەن، سەن مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن؛ [63] شۇنىڭ
بىلەن سېنى كەچۈرۈم قىلغىنىمدا، سەن قىلمىشلىرىڭنى ئېسىڭگە
كەلتۈرۈپ خىجىل بولۇپ، شەرمەندىلىكىڭ تۈپەيلىدىن قايتىدىن
ئاغزىڭنى ھېچ ئاچمايسەن.» ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## ئىككى بۈركۈت توغرۇلۇق تەمسىل

17 [1] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، بىر تېپىشماقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
ئىسرائىل جەمەتىگە بىر تەمسىلنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگىن: ــ
[3] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «كەڭ قاناتلىق، زىچ رەڭگارەڭ ئۇزۇن
پەيلىك چوڭ بىر بۈركۈت لىۋانغا كېلىپ، شۇ يەردىكى ئېگىز كېدىر
دەرىخىنىڭ ئۇچىدىكى شاخنى ئالدى؛ [4] ئۇ ئەڭ يۇقىرى يۇمران بىخىنى
ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنى سودىگەرنىڭ زېمىنىغا ئاپىرىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ
شەھىرىگە تىكتى. [5] ئۇ يەنە زېمىندىن باشقا ئۇرۇقنى ئېلىپ باغلىق
بىر ئېتىزغا تىكتى؛ ئۇنى مول سۇلار بويىدا سېلىپ، سۆگەت تىلىدەك
تىكلىدى.

---

61:16 **«...چوڭكى مۇشۇ ئاچا-سىڭىللىرىڭنى ساڭا قىزلار سۈپىتىدە تاپشۇرىمەن؛ بىراق بۇ ئىشلار سېنىڭدىكى ئەھدە تۈپەيلىدىن بولمايدۇ»** ــ ئاخىرقى زاماندا ئىسرائىل خەلقى كۆپ ئەللەرگە خۇدانىڭ يولىنى كۆرسىتىدىغان ياخشى بىر ئۈلگە بولىدۇ. بۇ ئىشلار مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق «كونا ئەھدە» بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۇلار بىلەن يېڭى «مەڭگۈلۈك ئەھدە»سى بىلەن بولىدۇ.

3:17 **«ئۇزۇن پەيلىك چوڭ بىر بۈركۈت لىۋانغا كېلىپ...»** ــ تەمسىلدىكى «لىۋان» يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ.

4:17 **«ئۇ چوڭ بۈركۈت ئەڭ يۇقىرى يۇمران بىخىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنى سودىگەرنىڭ زېمىنىغا ئاپىرىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ شەھىرىگە تىكتى»** ــ تەمسىلدىكى بىرىنچى «چوڭ بۈركۈت» ــ بابىلنىڭ ئىمپېراتورى نېبوقادنەسار ئىدى. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 598-يىلىدا يېرۇسالېمغا كېلىپ، يەكونىيا (ياش پادىشاھ)نى، بەزى خان ئائىلىسىدىكىلەر ۋە زېمىندىكى ئەڭ ئۈستا ھۈنەرۋەنلەرنى بابىلغا ئاپاردى. بۇ تەمسىل 12-21-ئايەتتە چۈشەندۈرۈلىدۇ.

[6] ئۇ ئۆسۈپ، كەڭ يېيىلىپ، پەس بويلۇق ئۈزۈم تېلى بولۇپ چىقتى؛ ئۇنىڭ شاخلىرى بۈركۈت تەرەپكە قاراپ ئۆستى، يىلتىزلىرىمۇ ئۇنىڭ ئاستىغا سوزۇلدى. شۇ يول بىلەن ئۇ ئۈزۈم تېلى بولۇپ، شاخلاندى، بىخلاندى.
[7] ئەمدى كەڭ قاناتلىق، زىچ پەيلىك يەنە بىر چوڭ بۈركۈت پەيدا بولدى؛ ۋە مانا، بۇ ئۈزۈم تېلى «ئۇ مېنى سۇغارسۇن» دەپ، تىكىلگەن چۆنەكلىرىدىن يىلتىزلىرىنى ئۇنىڭغا قاراپ تارتتى، شاخلىرىنى ئۇنىڭغا قاراپ سوزدى؛ [8] مانا، ئۇ ئوبدان شاخلاپ مېۋە بەرسۇن، ئېسىل ئۈزۈم تېلى بولسۇن دەپ مۇنبەت ئېتىزدا، مول سۇلار بويىغا تىكىلگەنىدى».
[9] ئەمدى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «ئۇ روناق تاپامدۇ؟ ئۇنى قاقشال قىلىۋېتىش ئۈچۈن بۈركۈت يىلتىزلىرىنى يۇلۇپ، مېۋىسىنى كېسىۋەتمەمدۇ؟ ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى خازان بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇنى يىلتىزلىرىدىن يۇلۇۋېلىشقا كۈچلۈك بىر بىلەك ياكى نۇرغۇن خەقلەرنىڭ ھېچ كېرىكى بولمايدۇ. [10] ئەمدى ھەتتا قايتىدىن تىكىلگەن بولسا، روناق تاپامدۇ؟ شەرق شامىلى ئۇنىڭغا تەگكەندىلا تازا قاغجىراپ كەتمەمدۇ؟ ئۇ تىكىلىپ ئۆسكەن چۆنەكلىرىدە قاغجىراپ كېتىدۇ».

## تەمسىل چۈشەندۈرۈلىدۇ

[11] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[12] ئاسىي جەمەتتىن: «مۇشۇ ئىشلارنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سوراپ، ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: «مانا، بابىل پادىشاھى يېرۇسالېمغا

---

6:17 **«ئۇ ئۆسۈپ، كەڭ يېيىلىپ، پەس بويلۇق ئۈزۈم تېلى بولۇپ چىقتى»** ــ «ئۈزۈم تېلى» زەدەكىيا پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە (خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە) بابىل ئىمپېراتورىغا بېقىنىپ روناق تاپتى.

7:17 **«ئەمدى كەڭ قاناتلىق،... يەنە بىر چوڭ بۈركۈت پەيدا بولدى»** ــ ئىككىنچى چوڭ بۈركۈت شۇبھىسىزكى، مىسىر پادىشاھى (پساممېتىكۇس II).

**كېلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھى ھەم شاھزادىلىرىنى ئېلىپ ئۆزى بىلەن
بابىلغا قايتۇرۇپ ئاپاردى.**
**13 شۇ ۋاقىتتا ئۇ پادىشاھنىڭ نەسلىدىن بىر كىشىنى ئېلىپ ئۇنىڭ
بىلەن ئەھدە تۈزۈپ ئۇنىڭغا قەسەم ئىچكۈزدى. ئۇ يەنە زېمىندىكى
ئېسىل-مۆتىۋەر بولغانلارنى ئۇنىڭ بىلەن ئېلىپ كەتتى؛
14 مەقسەت،
پادىشاھلىقنىڭ تۆۋەن ئاجىز ھالەتتە بولۇپ، قەددىنى رۇسلىيالماي،
پەقەت ئۇنىڭ ئەھدىسىنى تۇتۇشى بىلەن جېنىنى جان ئەتكۈزۈش
ئۈچۈن ئىدى.**
**15 بىراق ئۇ مىسىر بىزگە ئاتلار ھەم چوڭ قوشۇننى تەمىنلىسۇن
دەپ ئەلچىلىرىنى شۇ يەرگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدى.
ئەمدى ئۇ روناق تاپامدۇ؟ مۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچى تىرىك قالامدۇ؟
ئۇ ئەھدىنى بۇزۇپ تىرىك قالامدۇ؟
16 مەن ھاياتىم بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، ــ بەرھەق ئۇ ئۆزىنى پادىشاھ
قىلغان پادىشاھنىڭ زېمىنىدا، ــ يەنى ئۇنىڭ قەسىمىنى كەمسىتكەن،
ئەھدىسىنى بۇزغان ھېلىقى پادىشاھنىڭ زېمىنىدا، ــ ئۇنىڭ يېنىدا،
بابىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆلىدۇ.**
**17 بولىدىغان جەڭدە، ئۇلار كېلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قىرىش ئۈچۈن
سېپىلغا چىقىدىغان دۆڭلۈكلەرنى سېلىپ، پوتەيلەرنى قۇرغاندا،
پىرەۋن كۈچلۈك قوشۇن ھەم نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ**

---

15:17 **«بىراق ئۇ زەدەكىيا مىسىر بىزگە ئاتلار ھەم چوڭ قوشۇننى تەمىنلىسۇن دەپ ئەلچىلىرىنى شۇ يەرگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا نېبوقادنەسارغا ئاسىيلىق قىلدى»** ــ بۇ ئايەتتە ئىنتايىن مۇھىم سۆز بار. نېبوقادنەسار ئۆزى بۇتپەرەس «كاپىر»، ئىدى. بىراق ئېنىق تۇرىدۇكى، خۇداغا ئىشەنگەن، ئىشەنمىگەن بولسۇن، ئۆز خەلقىدىن بىرسى باشقا بىرسى بىلەن ئەھدە ياكى توختام قىلغان بولسا، خۇدا مۇشۇنداق ئەھدىنى ئۆزىنىڭكى دەپ قارايدۇ؛ ھەرقانداق ئېتىقادچى باشقا بىر ئېتىقادچى بىلەن ياكى كاپىر بىلەن ئەھدە تۈزسە، ۋە ئەھدىسىنى بۇزسا، خۇدانىڭ ئۆزىگە قارشى چىققان بولىدۇ. 19-20-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**15:17** يەر. 5:37

كەلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ. [18] ئۇ قەسەمنى
كەمسىتىپ، ئەھدىنى بۇزدى؛ مانا، ئۇ قول ئېلىشىپ سۆز بەردى،
بىراق ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى قىلدى؛ شۇڭا ئۇ تىرىك قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
[19] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھاياتىم بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، بەرھەق، ئۇ كەمسىتكەن قەسىمىم ھەمدە بۇزغان
ئەھدەمنى بولسا، بۇلارنى ئۆز بېشىغا كەيگۈزىمەن. [20] مەن ئۆز تورۇمنى
ئۇستىگە يېيىپ تاشلايمەن، ئۇ مېنىڭ قىلتىقىمدا تۇتۇلىدۇ؛ مەن ئۇنى
بابىلغا ئاپىرىمەن ھەمدە شۇ يەردە ماڭا قىلغان مۇتلەق ۋاپاسىزلىقى
ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن. [21] ئۇنىڭ بىلەن
بىللە بارلىق قاچقانلار، بارلىق قوشۇنلىرى قىلىچ بىلەن يىقىلىدۇ؛
بۇلاردىن قالغانلار ھەربىر شامالغا تارقىتىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر
مەنكى پەرۋەردىگارنىڭ سۆز قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىسىلەر».

## كېدىر دەرىخى توغرۇلۇق باشقا بىر تەمسىل

[22] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەنمۇ ئېگىز كېدىرنىڭ ئۇچىدىن
بىخ ئېلىپ تىكىمەن؛ ئۇنىڭ ياپياش شاخچىلىرىنىڭ ئۇچىدىن
يۇمران بىرسىنى ئۈزۈپ، ئېگىز ھەيۋەتلىك تاغ ئۈستىگە تىكىمەن؛
[23] ئىسرائىل ئېگىزلىكىدىكى تاغقا مەن ئۇنى تىكىمەن؛ ئۇ ئۆبدان

---

17:17 **«بولىدىغان جەڭدە، ئۇلار كېلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قىرىش ئۈچۈن سېپىلغا چىقىدىغان دۆڭلۈكلەرنى سېلىپ،...»** — «ئۇلار» مۇشۇ يەردە بابىللىقلارنى كۆرسىتىدۇ. **«پىرەۋن كۈچلۈك قوشۇن ھەم نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ كەلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ»** — دەرۋەقە پىرەۋننىڭ ياردىمى يوققا چىقتى («يەر.» 37-باب، 5-، 21-ئايەتنى ۋە 32-باب، 1-2-ئايەتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ).

**17:17** 2پاد. 1:25؛ يەش. 3:29؛ ئەز. 2:4

19:17 **«بەرھەق، ئۇ كەمسىتكەن قەسىمىم ھەمدە بۇزغان ئەھدەمنى بولسا، بۇلارنى ئۆز بېشىغا كەيگۈزىمەن»** — يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، نىبوقادنەسار زەدەكىياغا ئىچكۈزگەن قەسەم ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى خۇدا «مېنىڭ قەسىمىم»، «مېنىڭ ئەھدەم» دەيدۇ.

**20:17** يەر. 12:4؛ 31:25؛ ئەز. 13:12؛ 3:32

**21:17** ئەز. 10:5؛ 12؛ 14:12؛ 40:16

شاخلاپ، مېۋە بېرىپ، ئېسىل كېدىر دەرىخى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاستىغا
ھەرقانداق ئۇچار-قاناتلار قونىدۇ؛ ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ سايىسىدا
ئۇلار قونۇپ تۇرىدۇ؛ [24] شۇنىڭ بىلەن دالادىكى بارلىق دەرەخلەر
بىلىدۇكى، مەنكى پەرۋەردىگار ئېگىز دەرەخنى پەس قىلدىم، پەس
دەرەخنى ئېگىز قىلدىم، يېشىل دەرەخنى قاغجىراتتىم، قاقشال
دەرەخنى كۆكەرتىپ باراقسان قىلدىم؛ مەنكى پەرۋەردىگار مۇنداق
سۆز قىلدىم ۋە شۇنى ئادا قىلىمەن».

## ھەربىر ئادەمنىڭ خۇدا ئالدىدا بولغان جاۋابكارلىقى

18 [1] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] «ئىسرائىل زېمىنى توغرۇلۇق سىلەر: «ئاتىلار ئاچچىق-
چۈچۈك ئۈزۈملەرنى يېسە، باللارنىڭ چىشى قېرىق سېزىلىدۇ» دېگەن
مۇشۇ ماقالنى ئىشلىتىدىغان كىشىلەر زادى نېمە دېمەكچىسىلەر؟
[3] مەن ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، سىلەر
ئىسرائىل ئىچىدە مۇشۇ ماقالنى قايتىدىن ئىشلەتمەيسىلەر. [4] مانا،
بارلىق جانلار مېنىڭكىدۇر؛ ئاتىنىڭ جېنى مېنىڭكىدەك، بالىنىڭ
جېنىمۇ مېنىڭكىدۇر؛ گۇناھ سادىر قىلغۇچى جان ئىگىسى بولسا،
ئۇ ئۆلىدۇ.

24:17 «... مەنكى پەرۋەردىگار ئېگىز دەرەخنى پەس قىلدىم، پەس دەرەخنى ئېگىز قىلدىم، يېشىل دەرەخنى قاغجىراتتىم، قاقشال دەرەخنى كۆكەرتىپ باراقسان قىلدىم» ــ شۈبھىسىزكى، بۇ ئاخىرقى تەمسىل قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ۋە ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر ئىسرائىلىي كىشى مەسىھنىڭ داۋۇت پادىشاھنىڭ نەسلىدىن چىققانلىقىنى بىلەتتى.

2:18 «ئاتىلار ئاچچىق-چۈچۈك ئۈزۈملەرنى يېسە، باللارنىڭ چىشى قېرىق سېزىلىدۇ» ــ دېمەك، ئاتا-بوۋىمىز يامان ئىش قىلغان، بىراق بىز ئۇنىڭ يامان نەتىجىلىرىنى، خۇدانىڭ جازاسىنى كۆرىمىز. كېيىنكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

2:18 يەر. 29:31

## ئۈچ مىسال

[5] بىرسى ھەققانىي بولسا، ئادىللىق ۋە ئادالەت يۈرگۈزىدىغان بولسا، [6] —
ئۇ نە تاغلار ئۈستىدە بۇتقا ئاتالغان تائامنى يېمىگەن، نە ئىسرائىل
جەمەتىدىكى بۇتلارغا باش كۆتۈرۈپ ئۇلاردىن تىلىمىگەن، نە
قوشنىسىنىڭ ئايالىنى ھېچ بۇزمىغان، نە ئاي كۆرگەندە ئايالغا يېقىن
كەلمىگەن [7] نە ھېچبىرىگە زۇلۇم-زومبۇلۇق ئىشلەتمىگەن، بەلكى
قەرزداردىن كاپالەت ئالغاننى قايتۇرىدىغان، بۇلاڭچىلىق قىلمىغان،
ئۆز نېنىنى ئاچ قالغانلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن، يېلىڭ-
يالىڭاچقا كىيىم كىيگۈزگەن؛ [8] پۇلنى ئۆسۈمگە بەرمەيدىغان، جازانە
ئالمايدىغان، بەلكى قولىنى قەبىھلىكتىن تارتىپ، ئىككى ئادەم
ئارىسىدا دۇرۇس ھۆكۈم چىقىرىدىغان؛ [9] مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمدە
ماڭىدىغان، باشقىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈملىرىمنى
تۇتىدىغان بولسا — مانا مۇشۇ كىشى ھەققانىي، ئۇ جەزمەن ھايات
بولىدۇ، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[10-11] ئەگەردە ئۆز پۇشتى بولغان، زوراۋانلىق قىلغۇچى، قان تۆككۈچى
بولغان، شۇنداق يامانلىقلارنىڭ بىرىنى ئۆز قېرىندىشىغا قىلغان،
ھەمدە يۇقىرىقى ياخشىلىقنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمىغان، بىر
ئوغلى بولسا، — يەنى تاغلار ئۈستىدە بۇتقا ئاتالغان تائامنى يېگەن،
قوشنىسىنىڭ ئايالىنى بۇزغان، [12] ئاجىز-نامراتلارغا زۇلۇم-زومبۇلۇق
ئىشلەتكەن، بۇلاڭچىلىق قىلغان، قەرزداردىن كاپالەت ئالغاننى
قايتۇرمىغان، بۇتلارغا باش كۆتۈرۈپ ئۇلاردىن تىلىگەن، يىرگىنچلىك
ئىشلارنى قىلغان، [13] پۇلنى ئۆسۈمگە بەرگەن، جازانە ئالغان بىر ئوغلى

---

**6:18** لاۋ. 19،20:18 ؛ يەش. 7:57؛ 7:65

**7:18** مىس. 21:22، 26؛ لاۋ. 13:19؛ 14:25؛ قان. 7:15؛ 12:24؛ يەش. 7:58؛ مات. 3:25

**8:18** مىس. 25:22؛ لاۋ. 35:25، 36

11-10:18 **«شۇنداق يامانلىقلارنىڭ بىرىنى ئۆز قېرىندىشىغا قىلغان، ھەمدە يۇقىرىقى ياخشىلىقنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمىغان، بىر ئوغلى بولسا»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مۇشۇنداق يامانلىقلارنىڭ بىرىنى ئۆز قېرىندىشىغا قىلغان بىر ئوغلى بار بولسا، — (ئاتىسى ئۇلاردىن بىرىنى ھېچ قىلمىغان بولسىمۇ)، — »

بولسا ــ ئەمدى ئۇ ھايات قالامدۇ؟ ئۇ ھايات قالمايدۇ؛ ئۇ مۇشۇنداق
يىرگىنچلىك قىلمىشلارنى قىلغىنى ئۈچۈن ئۇ جەزمەن ئۆلىدۇ؛ ئۇنىڭ
ئۆز قېنى ئۆز بېشى ئۈستىگە چۈشىدۇ.
[14] بىراق مانا، مۇشۇ كىشىمۇ بىر ئوغۇل تاپسا، ئۇ ئاتىسىنىڭ سادىر
قىلغان بارلىق گۇناھلىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ھەم كۆرگىنى بىلەن
شۇنداق قىلمىسا [15] ــ يەنى تاغلار ئۈستىدە بۇتقا ئاتالغان تائامنى
يېمىگەن، ئىسرائىل جەمەتىدىكى بۇتلارغا باش كۆتۈرۈپ ئۇلاردىن
تىلىمىگەن، قوشنىسىنىڭ ئايالىنى بۇزمىغان، [16] ھېچبىرىگە زۇلۇم-
زومبۇلۇق ئىشلەتمىگەن، قەرزداردىن كاپالەت ئېلىشنى ھېچ ئۆزىگە
تۇتمىغان، بۇلاڭچىلىق قىلمىغان، ئۆز نېنىنى ئاچ قالغانلارغا تەقسىم
قىلىپ بەرگەن، يېلىڭ-يالىڭاچقا كىيىم كىيگۈزگەن، [17] ئۆز قولىنى
قەبىھلىكتىن تارتىدىغان، پۇلنى ئۆسۈمگە بەرمىگەن، ئۆسۈم-
جازانە ئالمىغان، بەلكى مېنىڭ ھۆكۈملىرىمگە ئەمەل قىلىدىغان،
بەلگىلىمىلىرىمدە ماڭىدىغان بولسا ــ ئۇ ئۆز ئاتىسىنىڭ قەبىھلىكى
تۈپەيلىدىن ئۆلمەيدۇ، ئۇ جەزمەن ھايات بولىدۇ.
[18] ئۇنىڭ ئاتىسى بولسا، زۇلۇم-زومبۇلۇق ئىشلەتكەن، ئۆز
قېرىندىشىغا بۇلاڭچىلىق قىلغان، ئۆز خەلقى ئارىسىدا ناتوغرا
ئىشلارنى قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، مانا ئۇ ئۆز قەبىھلىكى ئىچىدە
ئۆلىدۇ. [19] سىلەر: «نېمىشقا ئوغۇل ئاتىسىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ
جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ؟» دەپ سورايسىلەر؛ بىراق ئوغۇل ئادىللىق
ھەم ئادالەتنى يۈرگۈزگەن، مېنىڭ بارلىق بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇپ
ئۇلارغا ئەمەل قىلغان؛ ئۇ جەزمەن ھايات بولىدۇ؛ [20] گۇناھ سادىر

**16:18 «ھېچبىرىگە زۇلۇم-زومبۇلۇق ئىشلەتمىگەن، قەرزداردىن كاپالەت ئېلىشنى ھېچ ئۆزىگە تۇتمىغان»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە قەرزداردىن «كاپالەت ئالسا» بولاتتى (مەسىلەن، پۇلنىڭ ئورنىغا كىيىم-كېچەك، قورال-ئەسۋاب ئالسا بولاتتى)، بىراق قەرزدار ئۇنىڭغا كېرەك بولغاندا، ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى («مىس.» 26:22، «قان.» 6:24-17-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**19:18** قان. 16:24؛ 2پاد. 6:14؛ 2تار. 4:25

قىلغۇچى جان ئىگىسى ئۆلىدۇ. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ
جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ، ۋە ياكى ئاتا ئوغلىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ
جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ؛ ھەققانىي كىشىنىڭ ھەققانىيلىقى ئۆز
ئۈستىدە تۇرىدۇ، رەزىل كىشىنىڭ رەزىللىكى ئۆز ئۈستىدە تۇرىدۇ؛
[21] ۋە رەزىل كىشى بارلىق سادىر قىلغان گۇناھلىرىدىن يېنىپ توۋا
قىلىپ، مېنىڭ بارلىق بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇپ، ئادىللىق ھەم
ئادالەتنى يۈرگۈزىدىغان بولسا، ئۇ جەزمەن ھايات بولىدۇ، ئۇ ئۆلمەيدۇ.
[22] ئۇنىڭ سادىر قىلغان بارلىق ئىتائەتسىزلىكلىرى ئۇنىڭ ھېسابىغا
ئەسلەنمەيدۇ؛ ئۇ قىلغان ھەققانىيلىقى بىلەن ھايات بولىدۇ.
[23] مەن رەزىل ئادەمنىڭ ئۆلۈمىدىن ھۇزۇر ئالامدىمەن؟ ــ دەيدۇ رەب
پەرۋەردىگار. ئەكسىچە، مەندىكى ھۇزۇر ئۇنىڭ ئۆز يولىدىن يېنىپ
توۋا قىلغانلىقىدىن ئەمەسمۇ؟
[24] ھەققانىي كىشى ئۆز ھەققانىيلىقىدىن يېنىپ، قەبىھلىك قىلغان،
رەزىل ئادەملەرنىڭ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى بويىچە ئىش قىلغان
بولسا، ئۇ ھايات قالامدۇ؟ ئۇنىڭ قىلغان ھەققانىيلىقلىرىدىن
ھېچقايسىسى ئەسلەنمەيدۇ؛ ئۆتكۈزگەن ئاسىيلىقى، سادىر قىلغان
گۇناھ ئىچىدە، ئۇ ئۆلىدۇ.
[25] ئەمما سىلەر: «رەبنىڭ يولى ئادىل ئەمەس» دەيسىلەر؛ ئەمدى،
ئى ئىسرائىل جەمەتى، ئاڭلاڭلار: مېنىڭ يولۇم ئادىل ئەمەسمۇ؟
سىلەرنىڭ يوللىرىڭلار ئادىلسىزلىك ئەمەسمۇ؟ [26] ھەققانىي كىشى
ھەققانىيلىقىدىن يېنىپ، قەبىھلىكنى ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئۆلىدۇ؛
ئۆتكۈزگەن قەبىھلىكى بىلەن ئۇ ئۆلىدۇ. [27] ھەم رەزىل ئادەم ئۆتكۈزگەن
رەزىللىكىدىن يېنىپ توۋا قىلىپ، ئادىللىق ھەم ئادالەت يۈرگۈزىدىغان
بولسا، ئۇ ئۆز جېنىنى ھايات ساقلايدۇ. [28] چۈنكى ئۇ ئويلىنىپ، بارلىق
ئۆتكۈزگەن ئىتائەتسىزلىكلىرىدىن ياندى؛ ئۇ جەزمەن ھايات بولىدۇ،

23:18 ئەز. 11:33

24:18 ئەز. 13:33

25:18 ئەز. 17،20:33

ئۇ ئۆلمەيدۇ. [29] لېكىن ئىسرائىل جەمەتى «رەبنىڭ يولى ئادىل ئەمەس»
دەيدۇ؛ ئى ئىسرائىل جەمەتى، مېنىڭ يوللىرىم ئادىل ئەمەسمۇ؟
ئادىل بولمىغىنى سىلەرنىڭ يوللىرىڭلار ئەمەسمۇ؟
[30] شۇڭا مەن ئۇستۇڭلارغا، يەنى ھەربىرىڭلارنى ئۆز يوللىرىڭلار
بويىچە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن، ئى ئىسرائىل جەمەتى،
دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. قايتىپ يېنىمغا كېلىڭلار، بارلىق
ئىتائەتسىزلىكلىرىڭلاردىن يېنىپ توۋا قىلىڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن
قەبىھلىك سىلەرگە قىلتاق بولمايدۇ. [31] ئۆزۈڭلاردىن بارلىق ئۆتكۈزگەن
ئىتائەتسىزلىكلىرىڭلارنى تاشلىۋېتىڭلار، ئۆزۈڭلارغا يېڭى قەلب
ۋە يېڭى روھنى تىكلەڭلار؛ نېمىشقا ئۆلمەكچىسىلەر، ئى ئىسرائىل
جەمەتى؟ [32] چۈنكى ئۆلىدىغان كىشىنىڭ ئۆلۈمىدىن ماڭا ھۇزۇر
يوقتۇر، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار؛ شۇڭا يولۇڭلاردىن يېنىپ توۋا قىلىپ
ھايات بولۇڭلار!.

## ئىسرائىل شاھزادىلىرىگە بىر مەرسىيە

19 [1] — «ئەمدى سەن، ئىسرائىل شاھزادىلىرىگە بىر مەرسىيەنى
ئاغزىڭغا ئېلىپ مۇنداق دەپ ئوقۇغىن: —
[2] «شىرلار ئارىسىدا ئاناڭ قانداق بىر چىشى شىر ئىدى!
ئۇ ياش شىرلار ئارىسىدا ياتقان، ئۇ ئارسلانلىرىنى بېقىپ قۇۋۋەتلىدى.
[3] ئۇ ئارسلانلىرىدىن بىرىنى چوڭ قىلدى، ئۇ ياش شىر بولۇپ چىقتى؛
ئۇ ئوۋنى تۇتۇپ يىرتىشنى ئۆگەندى؛

---

**30:18** مات. 2:3

**31:18** **«ئۆزۈڭلارغا يېڭى قەلب ۋە يېڭى روھنى تىكلەڭلار»** — 11:19-ئايەتنى كۆرۈڭ. بۇ «يېڭى قەلب»، «يېڭى روھ» توۋا قىلىش يولىدا خۇدادىنلا كېلىدۇ.

**31:18** يەر. 39:32؛ ئەز. 19:11؛ 26:36

**32:18** **«ئۆلىدىغان كىشىنىڭ ئۆلۈمىدىن ماڭا ھۇزۇر يوقتۇر، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار»** — «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە مۇشۇ مۇھىم باب ئۈستىدە توختىلىمىز.

**32:18** ئەز. 11:33

ئۇ ئادەملەرنىمۇ يەۋېتەتتى.
[4] ئەللەر ئۇنىڭدىن خەۋەر ئاڭلىدى؛
ئۇ ئۇلارنىڭ ئورا تۇزىقىدا تۇتۇۋېلىندى؛
ئۇلار ئۇنىڭ بۇرنىغا ئىلمەكنى سېلىپ،
مىسىر زېمىنىغا ئېپكەتتى.
[5] چىش شىر ئۆزىنىڭ ئارمىنىنى بىكار كۈتكىنىنى،
ئۈمىدىنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرۈپ،
ئۇ باشقا بىر ئارسلىنىنى ئېلىپ،
ئۇنى بېقىپ ياش شىر قىلدى؛
[6] ئۇ شىرلار ئارىسىدا ئۇياق-بۇياققا كەزدى؛
ئۇ ياش شىر بولۇپ،
ئوۋنى تۇتۇپ يىرتىشنى ئۆگەندى؛
ئۇ ئادەملەرنىمۇ يەۋېتەتتى.
[7] ئۇ ئۇلارنىڭ ئىستىھكاملىرىنى بۇزۇپ،
ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى خارابە قىلىۋەتتى؛
زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى بىلەن دەككە-دۈككىگە چۈشتى.
[8] ئاندىن ئەللەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن كېلىپ ئۇنىڭغا قارشى چىقتى؛
ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە تورىنى يېيىپ تاشلىدى؛
ئۇ ئۇلارنىڭ ئورا تۇزىقىدا تۇتۇۋېلىندى.
[9] ئۇلار بۇرنىغا ئىلمەك سېلىپ قەپەسكە سولىدى؛
ئۇنى بابىلنىڭ پادىشاھىغا ئاپاردى؛
ئۇلار ئۇنى تورلىرىغا ئېلىۋالدى؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازى ئىسرائىل تاغلىرىدا قايتىدىن ئاڭلانمايدۇ.

**4:19** 2پاد. 33:23؛ يەر. 11:22
**9:19** 2تار. 6:36

10 سىنىڭ ئاناڭ ئۈزۈمزارىڭدا بىر ئۈزۈم تېلى ئىدى؛
ئۇ سۇ بويىدا تىكىلەنگەنىدى؛
سۇلارنىڭ مولل ۇقىدىن،
ئۇ ئىنتايىن مېۋىلىك، كۆپ شاخلىك بولدى.
11 ئۇنىڭ كۈچلۈك شاخلىرى بار ئىدى،
ھۆكۈم سۈرگۈچىلەرنىڭ شاھانە ھاسىلىرىغا لايىق ئىدى؛
ئۇنىڭ بويى بۇلۇتلاردىنمۇ ئېگىز كۆككە تاقاشتى،
ئۇ ئېگىزلىكى ۋە شاخلىرىنىڭ نۇرغۇنلىقى بىلەن كۆرۈنەرلىك ئىدى؛
12 بىراق ئۇ قەھر بىلەن يۇلۇندى،
ئۇ يەرگە تاشلاندى،
شەرق شاملى مېۋىسىنى قۇرۇتۇۋەتتى؛
ئۇنىڭ كۈچلۈك شاخلىرى سۇندۇرۇلدى، قاغجىراپ كەتتى؛
ئوت ئۇلارنى يۇتۇۋالدى.
13 ھازىر ئۇ چۆل-باياۋاندا،
چاڭقاق، سۇسىز بىر يەردە تىكىلدى؛
14 ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ بىرسىدىن ئوت چىقىپ،
ئۇنىڭ بىخلىرى ھەم مېۋىسىنى يۇتۇۋالدى؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ھۆكۈمدارنىڭ شاھانە ھاسىسى بولغۇدەك كۈچلۈك شىخى قالمىدى.
بۇ سۆزلەر مەرسىيەدۇر، بۇلار پەقەت مەرسىيە ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ».

---

14:19 **«ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ بىرسىدىن ئوت چىقىپ، ئۇنىڭ بىخلىرى ھەم مېۋىسىنى يۇتۇۋالدى...»** — بۇ «شاخ» («شاخلاردىن بىرسى») زەكەرىيا پادىشاھ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ خۇداغا ئىشەنمەسلىكى ھەم ئەخمەقلىقى ئىسرائىلنىڭ بېشىغا كۆپ بالايىئاپەتلەرنى چۈشۈردى («2پاد.» 17:24تىن 17:25-ئايەتكىچە كۆرۈڭ).

## ئىسرائىلنىڭ ئاسىيلىقىنىڭ تارىخى
## ۋە خۇدانىڭ ئۇنىڭ كېلەچىكى توغرۇلۇق پىلانى
## ئاقساقاللار كېلىپ ئەزاكىيالدىن يول سورايدۇ

20
[1] يەتتىنچى يىلى، بەشىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى شۇنداق
بولدىكى، ئىسرائىلنىڭ بەزى ئاقساقاللىرى پەرۋەردىگارنى
ئىزدەپ ئۇنىڭدىن سورىغىلى مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ئولتۇردى.
[2] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[3] ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىغا سۆز قىلىپ
مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەر مەندىن
سورىغىلى كەلدىڭلار؟ ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ
دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار ــ مەن سىلەرنىڭ مەندىن سورىشىڭلارغا يول
قويمايمەن. [4] ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرامسەن، ئى ئادەم
بالىسى، ھۆكۈم چىقىرامسەن؟ ئۇلارغا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يىرگىنچلىك
قىلمىشلىرىنى ئايان قىلىپ ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: ــ
[5] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن ئىسرائىلنى تاللىغان كۈندە،
ياقۇپ جەمەتىنىڭ نەسلىگە قول كۆتۈرۈپ قەسەم قىلىپ، مىسىر
زېمىنىدا ئۆزۈمنى ئۇلارغا ئايان قىلغىنىمدا، يەنى ئۇلارغا قول كۆتۈرۈپ
قەسەم قىلىپ ئۇلارغا: «مەن پەرۋەردىگار سىنىڭ خۇدايىڭدۇرمەن»
دېگىنىمدە [6] ــ شۇ كۈنى مەن ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدىن چىقىرىپ
ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئىزدەپ تاپقان سۈت ھەم بال ئېقىپ تۇرىدىغان،
ھەممە زېمىن ئارىسىدىكى ئەڭ گۈزەل زېمىنىنىڭ گۈلى بولغان زېمىنغا
كىرگۈزۈش ئۈچۈن، قول كۆتۈرۈپ قەسەم قىلدىم؛ [7] مەن ئۇلارغا:
«ھەربىرىڭلار ئۆز كۆزۈڭلار ئالدىدىكى نەپرەتلىك نەرسىلەرنى
تاشلىۋېتىڭلار، مىسىرنىڭ بۇتلىرى بىلەن ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار؛
مەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردۇرمەن» ــ دېدىم.
[8] لېكىن ئۇلار ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ ماڭا قۇلاق سېلىشنى خالىمايتتى؛

---

**4:20** ئەز. 2:22؛ 36:23

**5:20** مىس. 3:8؛ 4:31؛ 6:7

**ھېچقايسىسى نە ئۆز كۆزى ئالدىدىكى نەپرەتلىك نەرسىلەرنى**
**تاشلىۋەتمىدى، نە مىسىرنىڭ بۇتلىرىدىن ھېچ ئايرىلمىدى. ئاندىن**
**مەن قەھرىمنى مىسىر زېمىنى ئىچىدە ئۇلارغا تۆكۈپ، ئۇلارغا قاراتقان**
**ئاچچىقىمنى باسىمەن، دېدىم — 9 ھالبۇكى، نامىمنىڭ ئۇلار تۇرغان**
**ئەللەر ئارىسىدا بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن، ئۆز نامىم ئۈچۈن ھەرىكەت**
**قىلدىم؛ چۈنكى مەن بۇ ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلارنى مىسىردىن**
**چىقىرىشىم بىلەن ئۆزۈمنى ئايان قىلغانىدىم؛ 10 شۇڭا مەن ئۇلارنى**
**مىسىر زېمىنىدىن تولۇق چىقىرىپ، چۆل-باياۋانغا ئاپاردىم. 11 ۋە مەن**
**بەلگىلىمىلىرىمنى بېرىپ، ئۆز ھۆكۈملىرىمنى ئۇلارغا ئايان قىلدىم**
**— ئۇلارغا ئەمەل قىلىدىغان كىشى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ھاياتقا**
**ئېرىشىدۇ.**
**12 ئۆزۈم ھەم ئۇلار ئارىسىدىكى بېشارەت بولسۇن دەپ، مېنىڭ ئۇلارنى**
**پاك-مۇقەددەس قىلىدىغان پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشى**
**ئۈچۈن «شابات كۈن»لىرىمنى ئۇلارغا بېغىشلىدىم؛ 13 لېكىن**
**ئىسرائىل جەمەتى چۆل-باياۋاندا ماڭا ئاسىيلىق قىلدى؛ چۈنكى**
**ئۇلار مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمدە ماڭمىدى، مېنىڭ ھۆكۈملىرىمنى**
**چەتكە قاقتى (ئەگەر ئادەملەر بۇ ئەمرلەرگە ئەمەل قىلسا، ئۇ ئۇلارنىڭ**
**سەۋەبىدىن ھاياتقا ئېرىشىدۇ) ۋە مېنىڭ «شابات كۈن»لىرىمنى**

---

10:20 **«شۇڭا مەن ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدىن تولۇق چىقىرىپ، چۆل-باياۋانغا ئاپاردىم»** — ئىسرائىلنىڭ خۇدادىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشى مىسىردىن چىقىش جەريانىدىمۇ، ئۇلار تېخى مىسىر تېررىتورىيىسىدە بولغان چاغدىمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا خۇدا پەقەت ئۆز نامى ۋە ۋەدىسى ئۈچۈن بۇ «چىقىرىش» قۇتقۇزۇشىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۇلارنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ چۆلگە ئاپاردى.

**10:20** مىس. 18:13

**11:20** لاۋ. 5:18؛ قان. 15:30، 16، 19، 20؛ رىم. 5:10؛ گال. 12:3

12:20 **«مېنىڭ ئۇلارنى پاك-مۇقەددەس قىلىدىغان پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشى ئۈچۈن «شابات كۈن»لىرىمنى ئۇلارغا بېغىشلىدىم»** — «شابات كۈنى» شەنبە كۈنى بولۇپ، خۇدا يەھۇدىيلارغا بېغىشلىغان دەم ئالىدىغان، خۇدانى سېغىنىدىغان كۈنى.

**12:20** مىس. 8:20؛ 13:31-17؛ 2:35

قاتتىق بۇلغىدى؛ مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۆل-باياۋاندا ئۇلار ھالاك
قىلىنغۇچە قەھرىمنى تۆكىمەن دېدىم ــ 14 ھالبۇكى، نامىمنىڭ ئەللەر
ئارىسىدا بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن، ئۆز نامىم ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدىم؛
چۈنكى مەن بۇ ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ
چىقارغانمەن.
15 مەن يەنە چۆل-باياۋاندا ئۇلارغا سۈت ھەم بال ئېقىپ تۇرىدىغان،
ھەممە زېمىنىنىڭ گۈلى بولغان زېمىنغا كىرگۈزمەيمەن دەپ، قولۇمنى
كۆتۈرۈپ قەسەم قىلىمەن دېدىم 16 (چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى بۇتلىرىغا
ئەگىشىپ كەتكەچكە، مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمنى چەتكە قاققان،
مېنىڭ ھۆكۈملىرىمدە ماڭمىغان، مېنىڭ «شابات كۈن»لىرىمنى
بۇزغان)؛ ــ 17 ھالبۇكى، كۆزۈم ئۇلارغا رەھىم قىلىپ ئۇلارنى ھالاك
قىلمىدىم ياكى ئۇلارنى چۆل-باياۋاندا تۈگەشتۈرمىدىم.
18 مەن چۆل-باياۋاندا ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا مۇنداق دېدىم: «ئاتا-
بوۋىلىرىڭلارنىڭ بەلگىلىمىلىرىدە ماڭماڭلار، نە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى
تۇتماڭلار نە بۇتلىرى بىلەن ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار. 19 مەن پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلاردۇرمەن؛ مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمدە مېڭىپ، مېنىڭ
ھۆكۈملىرىمنى تۇتۇپ ئۇلارغا ئەمەل قىلىڭلار؛ 20 مېنىڭ «شابات
كۈن»لىرىمنى پاك-مۇقەددەس دەپ ئەتىۋارلاڭلار؛ ئۇ سىلەرنىڭ مېنىڭ
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن مەن ۋە
سىلەر ئوتتۇرىمىزدىكى بىر بېشارەتتۇر. 21 لېكىن بالىلىرىمۇ ماڭا
ئاسىيلىق قىلدى؛ ئۇلار نە مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمدە ماڭمىغان نە
مېنىڭ ھۆكۈملىرىمنى تۇتمىغان (بىرسى ئۇلارغا ئەمەل قىلسا، ئۇ
ئۇلار بىلەن ھاياتقا ئېرىشىدۇ) ئۇلار مېنىڭ «شابات كۈن»لىرىمنى
بۇلغىغان؛ شۇڭا مەن قەھرىمنى ئۇلار ئۈستىگە تۆكۈپ ئۇلارغا قاراتقان
ئاچچىقىمنى چۈشۈرۈپ پىغاندىن چىقىمەن، دېدىم؛ 22 لېكىن جازادىن
قولۇمنى تارتىپ، نامىمنى ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇلغانمىسۇن دەپ

---

**13:20** مىس. 28:16

ئۆز نامىم ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدىم؛ مەن بۇ ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا
ئۇلارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ چىقارغانمەن.
23 چۆل-باياۋاندا مەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا سىلەرنى ئەللەر
ئارىسىغا تارقىتىمەن، مەملىكەتلەر ئىچىگە تارىتىمەن دەپ قەسەم
قىلىمەن، دېدىم؛ 24 چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ھۆكۈملىرىمنى ئادا قىلمىغان،
بەلگىلىمىلىرىمنى چەتكە قاققان، مېنىڭ «شابات كۈن»لىرىمنى
بۇزغان؛ ئۇلار كۆزلىرىنى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ بۇتلىرىغا تىكمەكتە
ئىدى؛ 25 شۇڭا مەن ئۇلارغا ياخشى بولمىغان بەلگىلىمىلەرنى، ئۇلارنى
ھاياتقا ئېلىپ بارمايدىغان ھۆكۈملەرنى بېغىشلىدىم؛ 26 ۋە ئۇلارنى
ئۆز-ئۆزىدىن سەسكەندۈرۈپ، مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى ئۆز ھەدىيەلىرى ئارقىلىق
بۇلغىدىم، چۈنكى ئۇلار ھەدىيە سۈپىتىدە بارلىق تۇنجى باللىرىنى
ئاتاپ قويياتتى.
27 شۇڭا، ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىل جەمەتىگە سۆز قىلىپ مۇنداق
دېگىن: — رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — ئاتا-بوۋىلىرىڭلار شۇ
ئىشتىمۇ ماڭا كۇپۇرلۇق قىلغانكى، ئۇلار ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلغان؛
28 ئۇلار مەن ئۆز قولۇمنى كۆتۈرۈپ: «مۇشۇ زېمىننى سىلەرگە بېرىمەن»
دەپ قەسەم قىلغان يەرگە كىرگەندە، ئۇلار شۇ يەردىكى ئۇدۇل كەلگەن
ھەربىر يۇقىرى دۆڭ ھەم باراقسان دەرەخنى كۆرۈپلا شۇ جايلاردا ئۇلار

---

**25:20 ««ياخشى بولمىغان بەلگىلىمىلەر» ... «ھاياتقا ئېرىشمەيدىغان ھۆكۈملەر»** — 26-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**26:20 ««ياخشى بولمىغان بەلگىلىمىلەر» ... «ھاياتقا ئېرىشمەيدىغان ھۆكۈملەر» 52-ئايەت...»** — بۇ ئىككى ئايەت (25-26) ئىنتايىن مۇھىم. —«ياخشى بولمىغان بەلگىلىمىلەر»، «ھاياتقا ئېرىشمەيدىغان ھۆكۈملەر» دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە بۇتپەرەسلىك دىنىي قائىدە-يوسۇنلاردىن ئىبارەت. خۇدا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئادەمنى ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ئەمر-پەرمانلىرىنى چەتكە قېقىپ، ئالدىنىپ، ئىنتايىن رەزىل بۇتپەرەسلىككە بېغىشلىنىشىغا يول قويىغان: 31-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ. ئۆز باللىرىنى خۇداغا (ياكى بۇتلارغا، ئەلۋەتتە) ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش تەۋراتتا قەتئىي مەنئى قىلىنغان. «قان.» 12:29-31-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**26:20** ئەز. 21:16

قۇربانلىقلىرىنى قىلىپ، مېنى ئاچچىقلاندۇرىدىغان ھەدىيەلەرنى
قىلاتتى؛ ئۇلار شۇ يەردىمۇ «خۇشپۇراق ھەدىيە»لىرىنى پۇرىتىپ،
شاراب ھەدىيەلىرىنى تۆكەتتى؛ 29 شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلاردىن: «سىلەر
چىقىدىغان بۇ يۇقىرى جاي دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدىم؛ شۇڭا
بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ ئىسمى «باماھ»دۇر.
30 شۇڭا ئىسرائىل جەمەتىگە مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ يولىدا ئۆزلىرىڭلارنىمۇ
بۇلغىماقچىمۇسىلەر؟ ئۇلارنىڭ نەپرەتلىك قىلمىشلىرىغا ئەگىشىپ
بۇزۇقلۇق قىلماقچىمۇسىلەر؟ 31 ئەمدى سىلەر ھەدىيەلىرىڭلارنى
سۇنۇپ، ئۆز ئوغۇللىرىڭلارنى ئوتتىن ئۆتكۈزگەندە، سىلەر يەنىلا
بۈگۈنگە قەدەر ئۆزۈڭلارنى بارلىق بۇتلىرىڭلار بىلەن بۇلغاۋاتىسىلەر؛
ئەمدى مەن سىلەرنىڭ مېنى ئىزدەپ سورىشىڭلارغا يول قويامدىمەن،
ئى ئىسرائىل جەمەتى؟! مەن ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ
دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، ــ مەن سىلەرنىڭ مېنى ئىزدەپ سورىشىڭلارغا
يول قويمايمەن! 32 شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەردىكى «بىز يات
ئەللەردەك، باشقا يۇرتلاردىكى جەمەتلەردەك ياغاچ ھەم تاش مەبۇدلارغا
چوقۇنىمىز» دېگەن كويۇڭلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ!
33 مەن ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار،
مەن بەرھەق كۈچلۈك قول، ئۇزارتقان بىلىكىم ھەم تۆكۈپ ياغدۇرغان
قەھرىم بىلەن ئۈستۈڭلاردىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن. 34 مەن كۈچلۈك
قول، ئۇزارتقان بىلىكىم ھەم تۆكۈپ ياغدۇرۇلغان قەھر بىلەن سىلەرنى

---

28:20 **«ئۇلار شۇ يەردىكى ئۇدۇل كەلگەن ھەربىر يۇقىرى دۆڭ ھەم باراقسان دەرەخنى كۆرۈپلا شۇ جايلاردا ئۇلار قۇربانلىقلىرىنى قىلىپ، مېنى ئاچچىقلاندۇرىدىغان ھەدىيەلەرنى قىلاتتى»** ــ خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق «سىلەر **مەن** بېكىتكەن جايدا قۇربانلىق قىلىڭلار» دېگەن («قان.» 12-باب). خەقلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ «يۇقىرى جاي»لاردا قۇربانلىق قىلىشلىرى بەربىر بۇتپەرەسلىككە ئايلىنىپ كېتەتتى.

29:20 **«شۇڭا بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ ئىسمى «باماھ»دۇر»** ــ «باماھ» دېگەننىڭ مەنىسى «يۇقىرى جاي». بەلكىم شۇ چاغدا ئۇنىڭ باشقا بىر ھەجۋىي، كىنايىلىك مەنىسىمۇ بار ئىدى؛ بىراق بۈگۈن بىز ئۇنى بىلمەيمىز.

ئەللەردىن چىقىرىپ ئېپكېلىمەن، تارقىتىلغان مەملىكەتلەردىن سىلەرنى يىغىمەن؛ [35] سىلەرنى ئەللەرگە تەۋە بولغان چۆل-باياۋانغا كىرگۈزۈپ، شۇ يەردە ئۈستۈڭلاردىن يۈز تۇرانە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن؛ [36] ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ ئۈستىدىن مىسىر زېمىنىدىكى چۆل-باياۋانغا ھۆكۈم چىقىرىپ جازالىغىنىمدەك، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن يۈز تۇرانە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. [37] مەن سىلەرنى ھاسا ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەھدىنىڭ رىشتىسىگە باغلاندۇرىمەن. [38] مەن ئاراڭلاردىن ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئاسىيلارنى شاللاپ چىقىرىمەن؛ ئۇلارنى تۇرۇۋاتقان جايلاردىن چىقىرىمەن، بىراق ئۇلار ئىسرائىل زېمىنىغا كىرمەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر.

[39] ــ ئەمدى سىلەر بولساڭلار، ئى ئىسرائىل جەمەتى، رەب پەرۋەردىگار سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ــ ماڭا قۇلاق سالمايمىز دېسەڭلار، بېرىۋېرىڭلار، ھەربىرىڭلار ئۆز بۇتلىرىڭلارغا چوقۇنۇۋېرىڭلار! بىراق سىلەر يەنە ھەدىيەلىرىڭلار ھەم مەبۇدلىرىڭلار بىلەن مېنىڭ نامىمنى ئىككىنچى بۇلغىمايسىلەر! [40] چۈنكى مېنىڭ مۇقەددەس تېغىمدا، يەنى ئىسرائىلنىڭ ئېگىزلىكىدىكى تاغدا، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، ــ بارلىق ئىسرائىل جەمەتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا زېمىندا تۇرۇپ خىزمەت قىلىدۇ؛ مەن ئۇ يەردە ئۇلارنى قوبۇل قىلىمەن ۋە ئۇ يەردە مەن سىلەردىن «كۆتۈرمە ھەدىيە»لىرىڭلارنى، تۇنجى ھوسۇل بولغان كۆكتات-مېۋىلىرىڭلارنى، شۇنداقلا بارلىق مۇقەددەس دەپ ئايرىپ

---

**37:20 «مەن سىلەرنى ھاسا ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەھدىنىڭ رىشتىسىگە باغلاندۇرىمەن»** ــ «ھاسا ئاستىدىن ئۆتكۈزۈش» توغرۇلۇق «لاۋ.» 32:27، «يەر.» 13:33 كۆرۈڭ. قويلاردىن يامانلىرىنى شاللاپ چىقىش ئۈچۈن قويچى ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئۆز ھاسىسى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ تەكشۈرەتتى.

**39:20 «بىراق سىلەر يەنە ھەدىيەلىرىڭلار ھەم مەبۇدلىرىڭلار بىلەن مېنىڭ نامىمنى ئىككىنچى بۇلغىمايسىلەر!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىراق كېيىن، ھەتتا سىلەر ماڭا قۇلاق سالمىغان بولساڭلارمۇ، سىلەر يەنىلا ھەدىيەلىرىڭلار ھەم مەبۇدلىرىڭلار بىلەن مېنىڭ نامىمنى ئىككىنچى بۇلغىمايسىلەر!».

بىغىشلىغان نەسىرلىرىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.
41 مەن سىلەرنى ئەللەر ئارىسىدىن چىقىرىپ، مەملىكەتلەردىن ئېلىپ يىغقىنىمدا، ئىسىل خۇشبۇيدەك سىلەرنى قوبۇل قىلىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاراڭلاردا ئۆزۈمنىڭ پاك-مۇقەددەس ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىمەن. 42 ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قولۇمنى كۆتۈرۈپ: «مۇشۇ زېمىننى سىلەرگە بېرىمەن» دەپ قەسەم قىلغان ئىسرائىل زېمىنىغا سىلەرنى كىرگۈزگىنىمدە، سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىلەر. 43 سىلەر ئۇ يەردە ئۆز يوللىرىڭلارنى ۋە ئۆزۈڭلارنى بۇلغىغان بارلىق قىلمىشلىرىڭلارنى ئەسلەيسىلەر؛ شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن رەزىل ئىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەر ئۆز-ئۆزۈڭلارنى كۆزگە ئىلمايسىلەر، ئۆز-ئۆزۈڭلاردىن نەپرەتلىنىسىلەر. 44 مەن رەزىل يوللىرىڭلارغا ئاساسەن ئەمەس، ياكى بۇزۇق قىلمىشلىرىڭلارغا ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئۆز نامىم ئۈچۈن سىلەرگە شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلغاندىن كېيىن، ئى ئىسرائىل جەمەتى، سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىلەر، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## ئوت ۋە قىلىچ ئارقىلىق بولغان جازا

45 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
46 ئى ئىنسان ئوغلى، يۈزۈڭنى تېمان شەھىرىگە قارىتىپ، جەنۇبتىكىلەرنى ئەيىبلەپ، نەگەۋ ئورمانلىق دالاسىنى ئەيىبلەيدىغان بېشارەت بېرىپ، ــ
47 يەنى نەگەۋ ئورمانلىق دالاسىغا مۇنداق دېگىن: ــ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا؛ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مانا، مەن ساڭا بىر ئوت ياقىمەن؛ ئۇ سەندىكى ھەممە يېشىل دەرەخنى ھەمدە ھەممە قاقشال دەرەخنى يەۋېتىدۇ؛ يالقۇنلۇق ئوت ھېچ ئۆچمەيدۇ، جەنۇبتىن

---

46:20 **«تېمان شەھىرى»** ــ ئىسرائىلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېگراسىغا تۇتىشىدۇ، «نەگەۋ» ئىسرائىلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ.

شىمالغىچە پۈتكۈل يەر يۈزى ئۇنىڭ بىلەن كۆيۈپ كېتىدۇ؛ [48] بارلىق
ئەت ئىگىلىرى مەنكى پەرۋەردىگار ئۇنى ياققانلىقىمنى كۆرۈپ
يېتىدۇ؛ ئۇ ھېچقاچان ئۆچۈرۈلمەيدۇ!».
[49] ۋە مەن: ــ ئاھ، پەرۋەردىگار! ئۇلار مەن توغرۇلۇق: «ئۇ پەقەت
تەمسىللەرنىلا سۆزلەۋاتىدۇ» دەيدۇ! ــ دېدىم.

## «قىلىچ» ھەققىدە

21 [1] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، يۈزۈڭنى يېرۇسالېمغا قارىتىپ،
«مۇقەددەس جايلار»نى ئەيىبلەپ، ئىسرائىل زېمىنىنى ئەيىبلەپ
بېشارەت بېرىپ، [3] يەنى ئىسرائىل زېمىنىغا مۇنداق دېگىن: ــ
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مانا، مەن ساڭا قارشىدۇرمەن؛ قىلىچىمنى
غىلاپتىن سۇغۇرۇپ، سەندىن ھەم ھەققانىيلار ھەم رەزىللەرنى ئۈزۈپ
تاشلايمەن.
[4] مەن سەندىن ھەم ھەققانىيلار ھەم رەزىللەرنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى
بولغىنىم ئۈچۈن، قىلىچىم بارلىق ئەت ئىگىلىرى، يەنى جەنۇبتىن
شىمالغىچە بولغان ھەممەيلەن بىلەن قارشىلىشىشقا غىلاپتىن
چىقىدۇ؛ [5] شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەت ئىگىلىرى مەنكى پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆز قىلىچىمنى غىلاپتىن سۇغۇرغانلىقىمنى تونۇپ يېتىدۇ؛ قىلىچ
غىلاپقا قايتىدىن يېنىپ كىرمەيدۇ.
[6] ئەمدى ئۇھ تارتقىن، ئى ئىنسان ئوغلى؛ ئىچ-باغرىڭ ئېچىشقۇدەك
دەرد-ئەلەم بىلەن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇھ-زار قىل. [7] ۋە شۇنداق
بولىدۇكى، ئۇلار سەندىن: «نېمىشقا ئۇھ تارتىسەن؟» دەپ سورىغاندا،
سەن ئۇلارغا: «بولغان شۇم خەۋەر تۈپەيلىدىن! مانا، ئۇ كېلىدۇ!

---

**47:20 «... پۈتكۈل يەر يۈزى ئۇنىڭ بىلەن كۆيۈپ كېتىدۇ»** ــ ياكى «... ھەر ئادەمنىڭ يۈزى ئۇنىڭ بىلەن كۆيۈپ كېتىدۇ».

**47:20** لۇقا 31:23

بارلىق يۈرەكلەر ئېرىپ، بارلىق قوللار بوشاپ كېتىدۇ، بارلىق روھلار
زەئىپلىشىپ، بارلىق تىزلار سۇيدۇك بىلەن چىلىق-چىلىق ھۆل
بولۇپ كېتىدۇ؛ مانا ئۇ كېلىۋاتىدۇ! ئۇ يېتىپ كەلدى! ــ دەيدۇ رەب
پەرۋەردىگار» ــ دېگىن.
[8] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[9] ئى ئىنسان ئوغلى، بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگىن: ــ رەب
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، بىر قىلىچ، بىر قىلىچ، بىسلانغان،
پارقىرىتىلغان! [10] ئۇ زور قىرغىنچىلىق ئۈچۈن بىسلانغان، ئۇنى
يالتىراشقا پارقىراتقان؛ ئۆز ئوغلۇمنىڭ شاھانە ھاسىسى ھەرقانداق
ئاددىي تاياقنى كەمستكەنلىكى تۈپەيلىدىن، خۇشال بولۇپ
كېتىشىمىزگە توغرا كېلەمدۇ؟
[11] ئۇ قىلىچنى پارقىرىتىلىشقا، قول بىلەن تۇتۇشقا بېكىتكەن؛
قىلىچ بىلەنگەن، پارقىرىتىلغان،
قەتل قىلغۇچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا تەييارلانغاندۇر!
[12] نالە-پەرياد كۆتۈرۈپ پىغان چەككىن، ئى ئىنسان ئوغلى،
چۈنكى قىلىچ مېنىڭ خەلقىمگە قارشى چىققان؛
ئۇ ئىسرائىلنىڭ بارلىق شاھزادىلىرىگە قارشى چىققان؛
ئۇلار ئۆز خەلقىم بىلەن تەڭ قىلىچقا تاپشۇرۇلغان؛

---

7:21 **«بارلىق تىزلار سۇيدۇك بىلەن چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىدۇ»** ــ دېمەك، قورقۇنچتىن شۇنداق بولىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «بارلىق تىزلار سۇدەك ئاجىز بولۇپ كېتىدۇ».

**7:21** يەر. 6:24؛ 23:49؛ ئەز. 17:4؛ 17:7

10:21 **«ئۇ زور قىرغىنچىلىق ئۈچۈن بىسلانغان، ... ئۆز ئوغلۇمنىڭ شاھانە ھاسىسى ھەرقانداق ئاددىي تاياقنى كەمستكەنلىكى تۈپەيلىدىن، خۇشال بولۇپ كېتىشىمىزگە توغرا كېلەمدۇ؟»** ــ ئوقۇرمەنلەر كۆپ خىل تەرجىمىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى مۇمكىن. بۇ جۈملىنىڭ ئەينى تېكىستىنى چۈشىنىش تەس. «ئۆز ئوغلۇم» مۇشۇ يەردە بەلكىم يەھۇدا ياكى يەھۇدانىڭ پادىشاھى زەدەكىيا بولۇشى مۇمكىن. زەدەكىيا ئۆزىنى «يېگىلمەس» دەپ ھېسابلىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ خۇدا مەخسۇس تەييارلىغان قىلىچنى «بىر تال ياغا تاياق»تەك ئاسانلا بىر تەرەپ قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

**شۇڭا يانپىشىڭغا قاتتىق ئۇرۇپ قويغىن!**
**[13] چۈنكى سىناق كەلدى؛ ئەمدى بۇ «شاھانە ھاسا» باشقا ياغاچلارنى**
**كەمسىتكىنى بىلەن، ئۇ بەربىر تۈگىشىدۇ ئەمەسمۇ؟! ــ دەيدۇ رەب**
**پەرۋەردىگار.**
**[14] ــ ئەمدى سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، بېشارەت بەرگىن، چاۋاك چالغىن!**
**قىلىچ ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ قىرسۇن! ئۇ قىرغۇچى قىلىچ،**
**ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشىۋالغان زور قەتل قىلغۇچى قىلىچتۇر!**
**[15] ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېرىسۇن دەپ، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى يىقىلىشىپ**
**كەتسۇن دەپ، مەن ئۇلارنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرىغا تەھدىت سالغۇچى**
**قىلىچنى قارىتىپ قويدۇم. ۋاي! ئۇ چاقماقتەك پارقىرىتىلغان، ئۇ**
**قىرىشقا سۇغۇرۇلغان؛ [16] ئى قىلىچ، ئوڭ تەرەپكە ئۆتكۈر بول! سول**
**تەرەپكە بۇرۇلۇپ چاپ! بىسىڭنى قەيەرگە قاراتقان بولسا شۇ يەرگە**
**چاپ! [17] مەنكى پەرۋەردىگار ئۆز قولۇم بىلەن چاۋاك چالىمەن، ئۆز**
**قەھرىمنى تۆكۈپ پىغاندىن چىقىمەن؛ مەنكى پەرۋەردىگار شۇنداق**
**سۆز قىلدىم.**

---

12:21 **«شۇڭا يانپىشىڭغا قاتتىق ئۇرۇپ قويغىن!»** ــ «يانپاشقا ئۇرۇش» قاتتىق دەرد-ئەلەمنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

**12:21** ئەز. 11:6؛ 27:7

**13:21** يەش. 5:1؛ يەر. 6:28-30

14:21 **«بېشارەت بەرگىن، چاۋاك چالغىن!»** ــ «چاۋاك چېلىش» بەلكىم پەيغەمبەرنىڭ خۇداغا ۋەكىل بولۇپ، خۇدانىڭ بۇ ئىشلارنى توغرا دېگەنلىكىنى ئىپادىلىشى ئىدى.

15:21 **«ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېرىسۇن دەپ، ... مەن ئۇلارنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرىغا تەھدىت سالغۇچى قىلىچنى قارىتىپ قويدۇم. ۋاي! ئۇ چاقماقتەك پارقىرىتىلغان، ئۇ قىرىشقا سۇغۇرۇلغان»** ــ ئوقۇرمەنلەر باشقا نەچچە خىل تەرجىمىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى مۇمكىن. ئىبرانيي تىلدا بۇ ئايەتتىكى بەزى سۆزنىڭ مەنىسىنى پەقەت پەرەز قىلىشقىلا بولىدۇ.

**15:21** ئەز. 32:21

## خۇدانىڭ بابىلنىڭ پادىشاھىنى يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىشقا قارىتىپ قويىدىغانلىقى

[18] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ـ
[19] سەن ئى ئىنسان ئوغلى، بابىل پادىشاھىنىڭ قىلىچىنىڭ مېڭىشىغا
تەييارلانغان ئىككى يولنى بېكىتىپ قويغىن؛ ئىككىلىسى بىر
زېمىندىن چىقىدىغان بولسۇن؛ يېرۇسالېم شەھىرىگە ماڭىدىغان
يولنىڭ بېشىدا بىر يول بەلگىسىنى تىكلەپ قويغىن؛ [20] يەنى
قىلىچنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئاممونىيلارنىڭ رابباھ شەھىرىگە
بىر يول ھەمدە يەھۇداغا، يەنى ئىستىھكاملىق مەستەھكەم يېرۇسالېم
شەھىرىگە يەنە بىر يولنى بېكىتىپ قويغىن؛ [21] چۈنكى بابىلنىڭ
پادىشاھى ئاچا يولدا، يەنى ئىككى يولنىڭ بېشىدا پال ئاچقۇزىدۇ؛
ئۇ ئوقلارنى سىلكىيدۇ، «كۆچمە مەبۇدلار»دىن سورايدۇ، جىگەرنى
تەكشۈرىدۇ.
[22] ئەمدى سېپىلنى بۆسكۈچى بازغانلارنى تىكلەشنى، قان تۆكۈشكە
پەرمان قىلىشنى، جەڭ ئېلان قىلىپ تووۋلاشنى، دەرۋازىلارغا ئۇرۇلغۇچى
بازغانلارنى تىكلەشنى، سېپىلغا چىقىدىغان دۆڭلۈكلەرنى ياساشنى،
پوتەيلەرنى قۇرۇشنى، يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنى
كۆرسىتىدىغان پال ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا چۈشىدۇ؛ [23] گەرچە بۇ پال ئۇلارغا
يالغان كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇلار ئىچكەن قەسەملەر تۈپەيلىدىن،
يەھۇدادىكىلەرنى چاڭگىلىغا ئالسۇن دەپ پادىشاھ ئۇلارنىڭ
قەبىھلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ.

---

21:21 **«كۆچمە مەبۇدلار»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «تەرافىم»؛ كىچىك، قول بىلەن كۆتۈرگىلى بولغان «قولايلىق بۇتلار». **«جىگەرنى تەكۈشۈرۈش»** ــ كونا زاماندىكى پالچىلىقنىڭ بىر ئۇسۇلى ئىدى. بىلىشىمىزچە ئۇلار بىر ھايۋاننى سويۇپ، ئاندىن ئۇچەي-قارنى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، كۆرگەن ئالامەتلەر بويىچە بىر قارارغا كېلەتتى.

22:21 ئەز. 2:4؛ 17:17

23:21 **«گەرچە بۇ پال ئۇلارغا يالغان كۆرۈنگىنى بىلەن، ... يەھۇدادىكىلەرنى چاڭگىلىغا ئالسۇن دەپ پادىشاھ ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ»** ــ پۈتۈن بۇ ئايەتنىڭ ئەينى تېكىستىنى چۈشىنىش تەس. «ئىچكەن قەسەملەر» بەلكىم زەدەكىيا نېبوقادنەسارغا

[24]ــ شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ ئاسىيلىقىڭلار
ئاشكارىلىنىپ، بارلىق قىلمىشلىرىڭلاردا گۇناھلىرىڭلار
كۆرۈنگەچكە، قەبىھلىكىڭلارنى ئەسكە كەلتۈرگىنىڭلار
تۈپەيلىدىن ــ يەنى ئۆزۈڭلار پاش قىلىنىپ ئەسكە ئېلىنغىنىڭلار
تۈپەيلىدىن، سىلەر قولغا ئېلىنىسىلەر. [25]ئەمدى سەن، ئى
ئىسرائىلنىڭ مۇناپىق ھەم رەزىل شاھزادىسى، قەبىھلىكىڭنىڭ
جازالىنىش ۋاقتى-سائىتى توشقىنىدا، كۆرىدىغان كۈنىڭ
كېلىدۇ!
[26]رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سەللىنى ئۈنىڭدىن ئېلىۋەت،
تاجنى ئېلىۋەت؛ ئىشلار ئۆز پېتىدا تۇرىۋەرمەيدۇ؛ پەس تۇرغاننى
ئېگىز قىل، ئېگىز تۇرغاننى پەس قىل؛ [27]ئۈنىڭ تەختىنى ئۆرۈۋەت،
ئۆرۈۋەت، ئۆرۈۋەت! ئۈنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئىگىسى كەلمىگۈچە، ئۇ
يەنە مەۋجۇت بولمايدۇ؛ مەن ئۇنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىمەن.

---

ئىچكەن قەسەملەرنى كۆرستىدۇ. نىبوقادنەسارنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بۇ پالنى يالغان دەپ قارىغىنى بىلەن، خۇدا يېرۇسالېمنى جازالانسۇن (نېبوقادنەسارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشسۇن) دەپ قەتئىي بېكىتكەن بولغاچقا، نېبوقادنەسار بەربىر رابباھ شەھىرىگە ئەمەس، بەلكى يېرۇسالېمنىڭ ئاسىيلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىدۇ.
25:21 **«ئى ئىسرائىلنىڭ مۇناپىق ھەم رەزىل شاھزادىسى»** ــ «رەزىل شاھزادە» زەدەكىيا پادىشاھنى كۆرستىدۇ. ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئۇنى «پادىشاھ» دېگۈسى كەلمەيدۇ.
**«قەبىھلىكىڭنىڭ جازالىنىش ۋاقتى-سائىتى توشقىنىدا، كۆرىدىغان كۈنىڭ كېلىدۇ!»**
ــ ئىبرانىي تىلىدا «قەبىھلىكىڭنىڭ جازالىنىش ۋاقتى-سائىتى توشقىنىدا، كۆرىدىغان كۈنىڭ كەلدى!» دېيىلىدۇ. دېمەك، كۆرىدىغان كۈنىنىڭ يېقىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.
27:21 **«ئۈنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئىگىسى كەلمىگۈچە، ئۇ يەنە مەۋجۇت بولمايدۇ؛ مەن ئۇنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىمەن»** ــ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، زەدەكىيادىن كېيىن، داۋۇت پادىشاھنىڭ ئەۋلادى، ئىسرائىل ھەم ئالەمنىڭ تېگىشلىك پادىشاھى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ كەلگۈچە ئىسرائىلنىڭ تەختىگە ئۆز خەلقىدىن بولغان ھېچكىم پادىشاھ بولۇپ ئولتۇرمايدۇ. «يار.» 10:49-تىكى بېشارەتنىمۇ كۆرۈڭ.
**27:21** يار. 10:49

## ئاممون خەلقى توغرۇلۇق بېشارەت

28 ئەمدى ئى ئىنسان ئوغلى، بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگىن: ــ رەب
پەرۋەردىگار ئاممونىيلار ۋە ئۇلارنىڭ مازاقلىرى توغرىسىدا مۇنداق
دەيدۇ: «بىر قىلىچ، بىر قىلىچ قەتل قىلىشقا سۇغۇرۇلغان؛ ئۇ ئادەمنى
يەۋېتىشكە، چاقماقتەك يالتىراشقا پارقىرىتىلغان!» ــ دېگىن!
29 چۈنكى پالچىلار سەن قىلىچ توغرۇڭدا قۇرۇق ئالامەت كۆرۈنۈشلەرنى
كۆرۈپ، سەن ئۈچۈن يالغاندىن بىر پال سالىدۇ؛ رەزىللەرنىڭ كۆرىدىغان
كۈنى كەلگەندە، قەبىھلىكىنىڭ جازالىنىش ۋاقتى-سائىتى توشقاندا،
بۇلار سېنى شۇ قىرىلغان رەزىللەرنىڭ بويۇنلىرى ئۈستىگە قوشۇپ
ياتقۇزىدۇ!
30 بۇ قىلىچنى ئۆز غىلاپىغا قايتۇرۇپ سال!
مەن سېنىڭ ئۈستۈڭگە ئۆزۈڭ يارىتىلغان جايدا، يەنى سەن تۆرۈلگەن
جايدا ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن.
31 شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈستۈڭگە قەھرىمنى تۆكۈپ ياغدۇرۇپ،
غەزىپىمنىڭ ئوتى قىلىپ پۈۋلەيمەن؛
مەن سېنى قاتىللىققا ماھىر ياۋۇز ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ
بېرىمەن؛
32 سەن ئوتقا يېقىلغۇ بولىسەن؛
سېنىڭ قېنىڭ ئۆز زېمىنىڭدە تۆكۈلىدۇ؛
سەن قايتىدىن ئەسلەنمەيسەن؛
چۈنكى مەنكى پەرۋەردىگار سۆز قىلغان.

---

28:21 **«بىر قىلىچ، بىر قىلىچ قەتل قىلىشقا سۇغۇرۇلغان؛ ئۇ ئادەمنى يەۋېتىشكە، چاقماقتەك يالتىراشقا پارقىرىتىلغان!»** ــ ئاممونىيلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ قىلىچنى ئىسرائىللارنى سويۇش ئۈچۈن سۇغۇرغان (كېيىنكى ئايەتلەتنى كۆرۈڭ). بىراق ئاخىرىدا ئۇ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.
نېبوقادنەسارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەمەس، بەلكى يەھۇدا ۋە يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، شۈبھىسىزكى ئىنتايىن خۇشال ئىدى. لېكىن بەش يىلدىن كېيىن، نېبوقادنەسار ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلاردىن كۆپىنى ئۆلتۈرىدۇ.

## يېرۇسالېم توغرۇلۇق ئۈچ بېشارەت
## بىرىنچى: ـ قانلىق شەھەر

22 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ـ
[2] ئەمدى سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، قانلىق شەھەر ئۈستىگە
ھۆكۈم چىقارامسەن؟ ھۆكۈم چىقارامسەن؟ ئەمدى ئۇنىڭ
يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى يۈزىگە سېلىپ مۇنداق دېگىن: ـ
[3] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز جازا كۈنىنىڭ كېلىشى ئۈچۈن
ئۆز ئىچىدە قان تۆككۈچى شەھەر، ئۆزىنى بۇلغاش ئۈچۈن ئۆزىگە
مەبۇدلارنى ياسىغان شەھەر ـ
[4] سەن تۆككەن قان تۈپەيلىدىن گۇناھكار بولدۇڭ، ياسىغان مەبۇدلار
تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭنى بۇلغىدىڭ؛ سەن ئۆز جازا كۈنلىرىڭنى
يېقىنلاشتۇردۇڭ، يىللىرىڭنى توشتۇردۇڭ؛ شۇڭا مەن سېنى ئەللەرگە
رەسۋا، بارلىق مەملىكەتلەرگە مازاقنىڭ ئوبيېكتى قىلدىم. [5] ساڭا
يېقىندىكىلەر ھەمدە سەندىن يىراقتىكىلەر سېنى مازاق قىلىدۇ، ئى
قىيا-چىياغا تولغان بەتناملىق شەھەر!
[6] ئىسرائىلنىڭ شاھزادىلىرى، ھەر بىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ
ئىچىڭدە قانداق قان تۆككەنلىكىگە قارا! [7] سېنىڭ ئىچىڭدە ئۇلار
ئاتا-ئانىسىنى كۆزگە ئىلمىغان؛ ئاراڭلاردا مۇساپىرلارغا زۇلۇم-
زومبۇلۇق قىلغان، يېتىم-يېسىرلەر ھەم تۇل خوتۇنلارغا ئۇۋال قىلغان؛
[8] مېنىڭ پاك-مۇقەددەس نەرسىلىرىمنى سەن كەمسىتكەن، مېنىڭ
«شابات كۈن»لىرىمنى بۇلغاپ بۇزغانسەن؛ [9] سېنىڭ ئىچىڭدە قانغا
تەشنا تۆھمەتخور ئادەملەر بولغان؛ ئۇلار تاغلار ئۈستىدە بۇتپەرەسلىك
ئېشىنى يېگەن؛ سېنىڭ ئىچىڭدە ئۇلار بۇزۇقلۇق پەسەندىلىك
قىلغان؛ [10] سەندە ئۆز ئاتىسىنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلەر بار؛ ئاي

**2:22** ئەز. 4:20؛ 36:23

**4:22** 2پاد. 16:21؛ ئەز. 14:5؛ 30،31:20

**9:22** ئەز. 6،11:18

كۆرگەن قىز-ئايالLARنى ئاياغ ئاستى قىلغانلارمۇ بار.
[11] بىرسى قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن يىرگىنچلىك بۇزۇقلۇق قىلغان؛
يەنە بىرسى ئۆز كېلىنىنى بۇزۇپ شەھۋانىيەت قىلغان؛ سەندە بولغان
يەنە بىرسى ئۆز سىڭلىسىغا، يەنە ئاتىسىنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق
قىلغان. [12] ئۇلار قان تۆكۈش ئۈچۈن ئاراڭدا «سوۋغاتلار»نى قوبۇل
قىلغان؛ سەن ئۆسۈم-جازانە ئالغان؛ سەن ئۆز قوشنىلىرىڭدىن هارامنى
مەجبۇرىي يۇلۇۋېلىپ، مېنى ئۇنتۇغانسەن ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[13] ۋە مانا، مەن هارامنى مەجبۇرىي يۇلۇۋېلىشىڭغا ۋە سەن ئۆز ئاراڭدا
تۆككەن قانلارغا قاراپ قولۇمنى-قولۇمغا ئۇردۇم!
[14] مەن سېنى بىر تەرەپ قىلىدىغان كۈنلەردىمۇ يۈرىكىڭ يەنىلا
توق، قوللىرىڭ چىڭ تۇرۇۋېرەمدۇ؟ مەنكى پەرۋەردىگار سۆز
قىلدىم، ئۆزۈم ئۇنى ئادا قىلىمەن. [15] مەن سېنى ئەللەر ئارىسىغا
تارقىتىمەن، مەملىكەتلەر ئىچىگە تارىتىمەن، ئوتتۇراڭدا بولغان
پەسەندىلىكىڭگە خاتىمە بېرىمەن. [16] ئەمدى سەن ئۆزۈڭ ئارقىلىق
ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇلغىنىسەن، ئاندىن مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسەن.

---

10:22 **«ئاتىسىنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلەر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا بۇنىڭ ئىككى مەنىسىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار: (1) ئۆز ئاتىسىغا باسقۇنچىلىق قىلغان؛ (2) ئاتىسىنىڭ ئايالى (ئۆز ئانىسى ياكى ئۆگەي ئانىسى)غا باسقۇنچىلىق قىلغان. بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە (2) توغرىدۇر.

**10:22** لاۋ. 8:18، 19:18؛ ئەز. 6:18

**11:22** لاۋ. 15:18، 20؛ يەر. 8:5

13:22 **«سەن ئۆز ئاراڭدا تۆككەن قانلارغا قاراپ قولۇمنى-قولۇمغا ئۇردۇم»** ــ «قول-قولغا ئۇرۇش» قاتتىق ئەپسۇسلىنارلىق، پىغاننى بىلدۈرىدۇ.

**13:22** ئەز. 22:21

**14:22** ئەز. 24:17

**15:22** ئەز. 14:12، 15

16:22 **«ئەمدى سەن ئۆزۈڭ ئارقىلىق ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇلغىنىسەن، ئاندىن مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسەن»** ــ ئوقۇرمەنلەر باشقا خىل تەرجىملەرنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن. ئايەتنىڭ ئەينى تېكىستىنى چۈشىنىش سەل تەس.

## ئىككىنچى بېشارەت: ـ تاۋلاشنىڭ نەتىجىسى ـ ھېچنېمە قالمايدۇ!

[17] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ـ
[18] ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىل جەمەتى ماڭا خۇددى داشقال بولۇپ
چىقتى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇمداندا قالغان مىس، قەلەي، تۆمۈر ۋە
قوغۇشۇنلاردۇر؛ ئۇلار كۈمۈشنىڭ پوقى بولۇپ چىقتى.
[19] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ ھەممىڭلار داشقال بولۇپ
چىققاچقا، مانا ئەمدى مەن سىلەرنى يېرۇسالېم ئوتتۇرىسىغا
يىغىمەن؛ [20] كىشىلەر ئۇستىگە ئوت پۈۋلەپ، ئۇلارنى ئېرىتىپ تاۋلاش
ئۈچۈن كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن ۋە قەلەينى خۇمدان ئىچىگە
يىغقاندەك، مەن غەزىپىم ۋە قەھرىم بىلەن سىلەرنى يىغىپ شەھەر
ئىچىگە سېلىپ سىلەرنى ئېرىتىمەن. [21] شۇنداق، مەن سىلەرنى
يىغىپ، غەزىپىمنىڭ ئوتىنى ئۈستۈڭلارغا پۈۋلەيمەن، سىلەر ئۇنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئېرىپ كېتىسىلەر؛ [22] كۈمۈش خۇمداندا ئېرىتىلگەندەك،
سىلەر شەھەر ئوتتۇرىسىدا ئېرىتىلىسىلەر؛ ۋە سىلەر مەنكى
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز قەھرىمنى ئۈستۈڭلارغا تۆككەنلىكىمنى تونۇپ
يېتىسىلەر.

## ئۈچىنچى بېشارەت: ـ ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن جەمئىيىتى بۇزۇلدى!

[23] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ـ
[24] ئى ئىنسان ئوغلى، شەھەرگە مۇنداق دېگىن: ـ غەزەپ چۈشكەن
كۈندە سەن پاكلاندۇرۇلمىغان، يامغۇر چۈشمىگەن بىر زېمىنسەن.
[25] ئۆز ئولجىسىنى تىتما قىلىدىغان، ھۆركىرەيدىغان شىردەك ئۇلارنىڭ
پەيغەمبەرلىرى ئۇنىڭدا سۇيىقەست ئىشلىتىدۇ؛ ئۇلار جانلارنى

---

**18:22** يەش. 22:1

24:22 **«غەزەپ چۈشكەن كۈندە سەن پاكلاندۇرۇلمىغان، يامغۇر چۈشمىگەن بىر زېمىنسەن»** ـــ خۇدانىڭ غەزىپى تۈپەيلىدىن، ئۇلاردا بەلكىم بىر قۇرغاقچىلىق بولغانىدى. «قان.» 28-بابنى كۆرۈڭ.

يەۋېتىدۇ؛ خەزىنىلەرنى، قىممەتلىك نەرسىلىرىنى بۇلىۋالىدۇ؛ ئۇلار
ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇل خوتۇنلارنى كۆپەيتمەكتە.
26 ئۇنىڭ كاھىنلىرى تەۋرات-قانۇنۇمنى بۇزۇپ تاشلاپ، پاك-مۇقەددەس
نەرسىلىرىمنى بۇلغىغان؛ ئۇلار پاك-مۇقەددەس بىلەن ئاددىي
نەرسىلەرنى پەرق قىلمايدۇ؛ ئۇلار «شابات كۈن»لىرىمگە كۆزىنى
يۇمۇپ يۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ماڭا بەتنام چاپلىنىدۇ.
27 ئۇنىڭ ئىچىدىكى شاھزادىلەر خۇددى ئولجىسىنى تىتما قىلىدىغان
بۆرىلەردەك؛ ئۇلار قان تۆكۈشىدۇ، جانلارنى نابۇت قىلىشىدۇ،
ھارام مەنپەئەتنى بۇلىشىدۇ. 28 ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارنىڭ
قىلمىشلىرىنى «ھاك سۇۋاق» بىلەن ئاقارتقان، «رەب پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ!» دەپ ساختا كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈۋېلىپ، پال سېلىپ
يالغانچىلىق يەتكۈزىدۇ؛ لېكىن پەرۋەردىگار ئۇلارغا سۆز قىلغان
ئەمەس. 29 زېمىندىكى ئاددىي پۇقرالارمۇ جەبىر-زۇلۇم قىلىشىپ،
بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ؛ ئۇلار ئاجىز-نامراتلارنى بوزەك قىلىپ،
مۇساپىرلارغا زۇلۇم سېلىپ ئۇۋال قىلىدۇ. 30 مەن ئۇلار ئارىسىدىن
تامنى قايتىدىن ياسىتىپ بېرىدىغان، مېنى ئۇلارنىڭ زېمىنىنى
ۋەيران قىلىشىمدىن ياندۇرىدىغان، ئۇنىڭ يېرىقىنى ئەتكۈدەك،
مېنىڭ ئالدىمدا تۇرىدىغان ئارىچى بىر ئەزىمەتنى ئىزدەپ كەلدىم؛
بىراق ھېچبىرنى تاپالمىدىم. 31 شۇڭا مەن قەھرىمنى ئۇستىگە
تۆكىمەن؛ غەزىپىمنىڭ ئوتى بىلەن مەن ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن؛ مەن
ئۇلارنىڭ يوللىرىنى ئۆز بېشىغا قايتۇرىمەن، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

**25:22** مات. 14:23
**26:22** لاۋ. 10:10؛ ئەز. 23:44
**27:22** مك. 11:3؛ زەف. 3:3
**28:22** ئەز. 7:13، 9، 10؛ 29:21؛ 12:22
**30:22** زەب. 23:106
**31:22** ئەز. 10:9؛ 21:11؛ 43:16

## ئوھولاھ ھەم ئوھولىباھ ـ ئىككى ئايال
## تۇغرۇلۇق بولغان تەمسىل

23 1 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ـ
2 ئى ئىنسان ئوغلى، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىككى ئايال بار
ئىكەن؛ 3 ئۇلار مىسىر زېمىنىدا پاھىشىلىك قىلغان؛ ئۇلار ياشلىقتا
پاھىشىلىك قىلغان؛ شۇ يەردە ئۇلارنىڭ كۆكسلىرى مىجىقلىنىپ،
قىزلىق ئەمچەك تۇپچىلىرى سىلانغان. 4 ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بولسا،
چوڭىنىڭ ئوھولاھ، كىچىكىنىڭ ئوھولىباھ ئىدى؛ ئۇلار مېنىڭكى
ئىدى؛ ئۇلار ئوغۇل-قىزلارنى تۇغقان. سامارىيە بولسا ئوھولاھ،
يېرۇسالېم ئوھولىباھدۇر.
5 ئوھولاھ مېنىڭكى بولغان تەقدىردىمۇ يەنە بۇزۇقلۇق قىلغان ـ ئۇ
ئاشىقلىرىغا، يەنى قوشنىلىرى بولغان ئاسۇرىيەلەرگە پەس ئارزۇ-
ھەۋەسلەردە بولغان؛ 6 كۆك كىيىم كىيگەن، ئەمەلدار-ھۆكۈمدارلار،
ھەممىسى كېلىشكەن يىگىتلەر، ئاتقا مىنگەن چەۋەندازلار ئىدى. 7 ئۇ
ئۆز بۇزۇقلۇقىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېغىشلىغان؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئاسۇرىيەنىڭ ئېسىلزادىلىرى ئىدى؛ ئۆز ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى بارلىق
قوزغاتقانلار بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق مەبۇدلىرى بىلەن ئۇ ئۆزىنى
بۇلغىغان. 8 ئۇ يەنىلا مىسىردا بولغان پاھىشىلىكلىرىدىن ۋاز
كەچمىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ياشلىقىدا ئاشۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ بىلەن
بىللە ياتتى، قىزلىق كۆكسلىرىنى سىلاپ، ئۆز بۇزۇقلۇقلىرىنى
ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكتى. 9 شۇڭا مەن ئۇنى ئۆز ئاشنىلىرىنىڭ، يەنى

---

**3:23** ئەز. 8:20

4:23 **«ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بولسا، چوڭىنىڭ ئوھولاھ، كىچىكىنىڭ ئوھولىباھ ئىدى؛ ئۇلار مېنىڭكى ئىدى»** ـ دېمەك، ئوھولاھ ئىسرائىلنىڭ شىمالىي پادىشاھلىقىنى، ئوھولىباھ يەھۇدانى كۆرسىتىدۇ. «ئوھولاھ» ـ «ئۇنىڭ چېدىرى»، «ئوھولىباھ» ـ «مېنىڭ چېدىرىم ئۇنىڭدىدۇر» دېگەن مەنىلەردە.

7:23 **«ئۇ ئۆز بۇزۇقلۇقىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېغىشلىغان؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسۇرىيەنىڭ ئېسىلزادىلىرى ئىدى»** ـ ياكى «ئۇ ئۆز بۇزۇقلۇقىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېغىشلىغان؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاسۇرىيەنىڭ ئېسىلزادىلىرىگە بېغىشلىغان».

ئۇنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى قوزغاتقان ئاسۇرىيەلەرنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم؛ [10] ئۇلار ئۇنىڭ نومۇسىنى ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ ئۇ ئاياللار ئارىسىدا يامان ئاتاققا قالدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىلىپ جازالاندى.

## ئوھولىباھ

[11] ئۇنىڭ سىڭلىسى ئوھولىباھ بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئارزۇ-ھەۋەسلىرىدە ھەدىسىدىن تېخىمۇ بۇزۇق، پاھىشىلىكلىرى ھەدىسىنىڭكىدىن كۆپ بولۇپ كەتتى. [12] ئۇ ئۆز قوشنىلىرى بولغان ئاسۇرىيەلەرگە پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى قوزغاتقان؛ ئۇلار ئەمەلدار-ھۆكۈمدارلار، ھەشەمەتلىك ساۋۇت، فورمىلارنى كىيگەن، ئاتقا مىنگەن چەۋەندازلار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىشكەن يىگىتلەر ئىدى. [13] مەن ئۇنىڭ بۇلغىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم؛ ئۇلار ئىككىلىسى بىر يوللۇق ئىدى.
[14] ئۇ ئۇنىڭ پاھىشىلىكلىرىنى ئاشۇردى؛ چۈنكى ئۇ تامدا پەرەڭ بىلەن سىرەتلەنگەن ئادەملەرنى، يەنى كالدىيەلەرنىڭ رەسىملىرىنى كۆردى؛ [15] ئۇلارنىڭ بەللىرى پوتىلار بىلەن ئورالغان، بېشىغا قۇيرۇقلۇق سەللىلەر كىيىلگەن؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەشكەر بېشىدەك، يەنى تۇغۇلغان يۇرتى كالدىيەدىكى بابىللىقلارنىڭ قىياپىتىدە ئىدى. [16] ئۇ شۇئان ئۇلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئىزدەپ كالدىيەگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن.
[17] شۇنىڭ بىلەن بابىللىقلار ئۇنىڭغا، يەنى ئۇنىڭ ئاشنىلىق ئورۇن-كۆرپىلىرىگە يېقىن كېلىپ، ئۇنى ئۆز زىنالىرى بىلەن بۇلغىغان؛ ئۇ

---

**9:23** 2پاد. 17؛ 18

**12:23** 2پاد. 7:16

16:23 **«ئۇ شۇئان ئۇلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئىزدەپ كالدىيەگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن»** — بۇنداق بايانلار بەلكىم يەھۇدانىڭ پادىشاھلىرى بابىلدىن ياردەم سورىغانلىقىنى، بابىللىقلار بىلەن دوستلاشماقچى بولغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇتپەرەسلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ («2پاد.» 20:12-15، 21:1-9-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).

ئۆزىنى ئۇلار بىلەن بىللە بۇلغىغاندىن كېيىن ئۇلاردىن بىزار بولدى. [18] ئۇ
ئۆز بۇزۇقلۇقلىرىنى ئوچۇق قىلىپ، نومۇسىنى ئاشكارىلىشى بىلەن،
جېنىم ھەدىسىدىن يىرگەنگەندەك ئۇنىڭدىنمۇ يىرگەندى. [19] بىراق ئۇ
يەنە ئۆزىنىڭ ياشلىق كۈنلىرىنى، يەنى مىسىر زېمىنىدا بۇزۇقلۇق
پاھىشىلىك قىلغان كۈنلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ئۆز بۇزۇقلۇقلىرىنى
تېخىمۇ كۆپەيتتى. [20] ئۇنىڭ ئەرلىكى ئېشەك مەدەكلىرىدەك، مەنىيسى
ئاتلارنىڭكىدەك بولغان بابىلنىڭ پاھىشىۋاز ئەركەكلىرىگە قاراپ
ھەۋەسلىرى قوزغالدى. [21] سەن ياشلىقىڭدىكى بۇزۇقلۇقلىرىڭغا،
يەنى ياشلىقىڭدا مىسىرلىقلارنىڭ ئەمچەكلىرىڭنى سىلىغىنىغا
يەنە تەشنا بولۇپ تەلمۈردۈڭ.
[22] شۇڭا، ئى ئوھولىباھ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار ــ مانا، مەن جېنىڭ
ھازىر بىزار بولغان ئاشنىلىرىڭنى ئۆزۈڭگە قارشى قوزغىتىمەن،
ئۇلارنى سەن بىلەن قارشىلىششقا ھەممە تەرىپىڭدىن ئېلىپ
كېلىمەن؛ [23] بابىللىقلار، بارلىق كالدىيلەر، پېكودلار، شوئالار، كوئاللار
ھەمدە ئاسۇرىيلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار بىلەن تەڭ قوزغايمەن؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىشكەن يىگىتلەر، ئەمەلدار-ھۆكۈمدارلار،
ئۇلۇغ بەگلەر ۋە جانابلار، ھەممىسى ئاتقا مىنگەن چەۋەندازلاردۇر؛
[24] ئۇلار قورال-ياراقلار، جەڭ ھارۋىلىرى، يۈك ھارۋىلىرى ھەم زور بىر
توپ خەلقلەر بىلەن ساڭا قارشى چىقىدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەممە
تەرىپىڭدە سىپار-قالقانلار ۋە دۇبۇلغالارنى كىيىپ ساڭا قارشى
سەپراس بولىدۇ؛ بېشىڭغا چۈشىدىغان تېگىشلىك جازانى ئۇلارغا
تاپشۇرىمەن، ئۇلار ئۆز ھۆكۈملىرى بويىچە جازالايدۇ.
[25] مەن مۇقەددەسلىكىمدىن چىققان غەزەپىنى ساڭا قارىتىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەھر بىلەن سېنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇلار
سېنىڭ بۇرنۇڭ ۋە قۇلاقلىرىڭنى كېسىۋېتىدۇ؛ سەندىن ئاخىرقى
قالغانلار قىلىچلىنىدۇ؛ ئۇلار ئوغۇل-قىزلىرىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ،

سەندىن يەنىلا قالغانلار ئوتتا يوتتۇۋېتىلىدۇ. [26]ئۇلار سەندىن
كىيىم-كېچەكلىرىڭنى ئېلىۋېلىپ، گۈزەل زىبۇ-زىننەتلىرىڭنى
بۇلايدۇ. [27]شۇنىڭ بىلەن مەن سەندە مىسىر زېمىنىدا باشلانغان
بۇزۇقلۇقلىرىڭنى ۋە پاھىشىلىكلىرىڭنى توختىتىمەن؛ سەن بۇ
ئىشلارغا يەنە تەلمۈرمەيسەن، مىسىرنى قايتا ئەسلىمەيسەن.
[28]– چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: – مانا، مەن سېنى ئۆزۈڭ
نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ قولىغا، يەنى جېنىڭ يىرگەنگەنلەرنىڭ
قولىغا تاپشۇرىمەن؛ [29-30]ئۇلار سېنى ئۆچمەنلىك بىلەن بىر تەرەپ
قىلىپ، بارلىق ئەجىرلىرىڭنى ئېلىپ كېتىپ، سېنى تۇغما-يالىڭاچ
قالدۇرۇپ، پاھىشىلىكلىرىڭنىڭ نومۇسىنى ئاشكارىلايدۇ. سەن
ئەللەر بىلەن پاھىشىلىك قىلغانلىقىڭ، ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى بىلەن
ئۆزۈڭنى بۇلغىغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن، سېنىڭ بۇزۇقلۇقلىرىڭ ھەم
پاھىشىلىكلىرىڭ بۇلارنى بېشىڭغا چۈشۈردى. [31]ھەدەڭنىڭ يولىدا
ئۆزۈڭ ماڭغانسەن؛ شۇڭا مەن ئۇنىڭدىكى قەدەھنى سېنىڭ قولۇڭغىمۇ
تۇتقۇزدۇم.
[32]– رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: – ھەدەڭنىڭ قەدەھىنى، چوڭقۇر
ۋە چوڭ بىر قەدەھنى سەنمۇ ئىچىسەن؛ سەن رەسۋا بولۇپ مازاق
قىلىنىسەن، چۈنكى ئۇنىڭ ھەجىمى چوڭدۇر؛ [33]سەن دەھشەتلىك
ۋە ھالاكەت قەدەھى، يەنى ھەدەڭ سامارىيەنىڭ قەدەھى بىلەن
مەستلىك ھەم دەرد-ئەلەمگە تولدۇرۇلىسەن؛ [34]سەن ئۇنى ئىچىۋېتىپ
يەنە يالايسەن، ھەتتا ئۇنىڭ پارچىلىرىنىمۇ غاجىلايسەن، ئاندىن
كۆكسىلىرىڭنىمۇ يۇلۇپ تاشلايسەن؛ چۈنكى مەن شۇنداق سۆز
قىلدىم، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

---

25:23 **«مېنىڭ مۇقەددەسلىكمدىن چىققان غەزەپ»** — ئىبرانىي تىلدا «(مېنىڭ) ھەسىتىم».

**26:23** ئەز. 39:16

**28:23** ئەز. 37:16؛ ئەز. 17:23

**29:23-30** ئەز. 39:16؛ ئەز. 25:23، 26

35 شۇنىڭ ئۈچۈن رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ چۈنكى سەن مېنى
ئۇنتۇپ ئارقاڭغا تاشلىۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن، شۇڭا ئۆز بۇزۇقلۇقۇڭ
ھەم پاھىشىلىكلىرىڭنىڭ جازاسىنى كۆتۈرىسەن.
36 ۋە پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، سەن ئوھولاھ
ۋە ئوھولىباماھ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرامسەن؟ ئەمدى ئۇلارغا ئۆز
يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى ئايان قىلىپ كۆرسەتكىن. 37 چۈنكى
ئۇلار بۇزۇقلۇق قىلدى؛ قوللىرى قان بولدى؛ ئۇلار ئۆز بۇتلىرى بىلەن
بۇزۇقلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا تۇغقان ئۆز باللىرىنى
ئۇلارنىڭ ئوزۇقى سۈپىتىدە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېغىشلىدى.
38 ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ماڭا شۇنداق ئىش قىلغانكى، ئوخشاش بىر
كۈندە ئۇلار مېنىڭ مۇقەددەس جايىمنى بۇلغاپ، «شابات كۈن»لىرىمنى
بۇزغان. 39 چۈنكى ئۇلار ئۆز باللىرىمنى بۇتلىرىغا سويغان چاغدا،
ئۇلار ئوخشاش بىر كۈندە مۇقەددەس جايىمنى بۇلغاشقا كىردى؛ مانا،
ئۇلار مېنىڭ ئۆيۈم ئوتتۇرىسىدا شۇنداق قىلغان.
40 ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەرنى يىراقتىن چاقىردى، ئۇلارنى ئېلىپ
كېلىشكە ئەلچى ئەۋەتتى؛ مانا، ئۇلار كەلدى؛ سەن ئۇلارنى دەپ
يۇيۇنۇپ، كۆز-قاشلىرىڭغا ئوسما قويۇپ، ئۆزۈڭنى زىبۇ-زىننەتلەر
بىلەن پەردازلىدىڭ؛ 41 ھەشەمەتلىك بىر دىۋاندا ئولتۇردۇڭ، ئۇنىڭ
ئالدىغا ئۈستىگە مېنىڭ خۇشبۇيۇم ھەم زەيتۇن مېيىم قويۇلغان

---

**35:23** يەر. 32:2؛ 21:3؛ 25:13؛ 15:18؛ ئەز. 12:22

**36:23** ئەز. 4:20؛ 2:22

37:23 **«ئۆز باللىرىنى ئۇلارنىڭ ئوزۇقى سۈپىتىدە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېغىشلىدى»** ــ «(ئوتتىن) ئۆتكۈزۈش» دېگەن سۆز، بۇتپەرەسلىك توغرۇلۇق بايانلار ئارىسىدا بولسا، ئادەتتە ئىنسانلارنى، بولۇپمۇ باللارنى بۇتلارغا «قۇربانلىق سۈپىتىدە ئوتتىن ئۆتكۈزۈش»نى كۆرسىتىدۇ.

**37:23** ئەز. 21:16؛ 31:20، 26

**38:23** ئەز. 8:22

**39:23** 2پاد. 21:4-7؛ ئەز. 21:16؛ ئەز. 13:20، 16

داستىخاننى قويدۇڭ؛ [42] غەمسىز يۈرگەن بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭدا ئاڭلاندى؛ چۈپرەندە ئادەملەر بىلەن بىللە چۆل-باياۋاندىن سىبائىيلارمۇ ئېلىپ كېلىندى؛ ئۇلار ھەدە-سىڭىلنىڭ قوللىرىغا بىلەزۈكلەر، بېشىغا چىرايلىق تاجلارنى سالدى. [43] ئەمدى مەن زىنا-بۇزۇقلۇقلار بىلەن ئۇپراپ قېرىغان پاھىشە توغرۇلۇق: «ئۇلار ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق قىلىۋەرسۇن؛ چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن پاھىشە» ــ دېدىم.

[44] ــ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاھىشە ئاياللىغا يېقىنلاشقاندەك ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ بىللە ياتتى؛ ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئوھولاھ ۋە ئوھولىباماھ بۇ ئىككى بۇزۇق ئايالغا يېقىنلىشىپ بىللە ياتتى.

[45] بىراق ھەققانىي ئادەملەر ئۇلارنى زىناخور ئاياللارنى ۋە قان تۆككۈچى ئاياللارنى جازالىغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايدۇ؛ چۈنكى ئۇلار زىناخور ئاياللار، ئۇلارنىڭ قوللىرى قاندۇر.

[46] چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ بىر توپ ئادەملەرنى ئۇلارغا قارشى چىقىرىپ ئېلىپ كېلىمەن، ئۇلارنى ھەرياندا ھەيدىۋېتىشكە ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىشقا تاپشۇرىمەن. [47] بۇ توپ كىشىلەر ئۇلارنى تاشلار بىلەن چالما-كېسەك قىلىپ، قىلىچلىرى بىلەن چېپىپ سويىدۇ؛ ئۇلار ئۇلارنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۆيلىرىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرىۋېتىدۇ.

---

**41:23** پەند. 17:7

42:23 **«...سىبائىيلارمۇ ئېلىپ كېلىندى»** ــ «سىبائىيلار»نىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھاراقكەشلەر».

43:23 **«ئۇلار ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق قىلىۋەرسۇن ــ چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن پاھىشە»** ــ ياكى «ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا، ئۇلار يەنىلا ھازىر ئۇنىڭ بىلەن راست بۇزۇقلۇق قىلامدۇ؟!»

45:23 **«بىراق ھەققانىي ئادەملەر ئۇلارنى زىناخور ئاياللارنى ... جازالىغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايدۇ»** ــ بىزنىڭچە بۇ جۈملىدىكى «ھەققانىي ئادەملەر» قاتتىق كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ ئىدى. چۈنكى ئۇ بابىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ (46-47-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ). مەنىسى بەلكىم: «ئۇلار سىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا، ھەققانىي ئادەملەر كۆرۈنىدۇ».

**45:23** ئەز. 38:16

**47:23** ئەز. 41:16

[48] شۇنىڭ بىلەن مەن زېمىندا بۇزۇقلۇققا خاتىمە بېرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئاياللار سىلەردىن ساۋاق ئېلىپ سىلەرنىڭ بۇزۇقلۇقلىرىڭنى دورىمايدۇ. [49] ئۇلار بۇزۇقلۇقۇڭنى ئۆز بېشىڭغا قايتۇرۇپ چۈشۈرىدۇ، ۋە سىلەر مەبۇدلىرىڭلارغا چېتىشلىق بولغان گۇناھلارنى كۆتۈرىسىلەر؛ سىلەر مېنىڭ رەب پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر.

## داغلىشىپ كەتكەن قازان

24 [1] توققۇزىنچى يىلى، ئونىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، بۇ كۈننى، دەل مۇشۇ كۈننىڭ چىسلاسىنى يېزىۋالغىن؛ چۈنكى دەل مۇشۇ كۈندە بابىلنىڭ پادىشاھى يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالدى.
[3] ئاسىي جەمەتنىڭ ئالدىغا بىر تەمسىلنى قويۇپ مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «قازاننى ئوتنىڭ ئۈستىگە قويۇڭلار، ئوت ئۈستىگە قويۇڭلار، ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇڭلار؛ [4] گۆش پارچىلىرى، ھەربىر ئېسىل گۆش پارچىلىرىنى، يوت ۋە قولىنى ئۇنىڭغا يىغىپ سېلىڭلار؛ ئېسىل ئۇستىخانلارنىمۇ قوشۇڭلار؛ [5] قوي پادىسىدىن ئەڭ ئېسىللىرىنى ئېلىڭلار؛ ئۇستىخانلارنى پىشۇرۇشقا ئۇنىڭ ئاستىغا ئوتۇن تويلاپ قويۇڭلار؛ ئۇنى قاتتىق قاينىتىڭلار، ئۇنىڭدىكى ئۇستىخانلار ئوبدان قاينىسۇن.
[6] ــ شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ قانخور شەھەرنىڭ ھالىغا، يەنى دات باسقان قازانغا، ھېچ دېتى كەتمەيدىغان قازانغا ۋاي! ئۇنىڭدىكى ھەممىنى بىردىن-بىردىن ئال؛ ئۇنىڭغا نىسىۋە چېكى

49:23 ئەز. 58:16.
3:24 يەر. 13:1

تاشلانمىسۇن! [7] چۈنكى ئۇ تۆككەن قان ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ؛
ئۇ قاننى توپا بىلەن كۆمگىلى بولغۇدەك يەرگە ئەمەس، بەلكى تاقىر
تاش ئۈستىگە تۆكتى. [8] قەھرىمنى قوزغاش، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ
تۆككەن قاننىڭ يېپىلماسلىقى ئۈچۈن تاقىر تاش ئۈستىگە قالدۇردۇم.
[9] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ قانخور شەھەرنىڭ هالىغا ۋاي!
مەنمۇ ئۇنىڭ ئوتۇن دۆۋىسىنى يوغان قىلىمەن! [10] ئوتۇننى دۆۋىلەڭلار،
ئوتنى يېقىپ چۇخچىلاڭلار، گۆش ئوبدان پىشسۇن، دورا-دەرمەكلەرنى
قوشۇڭلار، ئۇستىخانلار كۆيۈپ كەتسۇن! [11] ئاندىن قازاننى قىزىتىپ،
ئۇنىڭدىكى مىسنى قىپقىزىل قىلىڭلار، ئىچىدىكى داغ-كىرلار
ئېرىتىلىپ، ئۇنىڭ دېتى چىقىرىۋېتىلىش ئۈچۈن ئۇنى قۇرۇق پېتى
چوغلار ئۈستىگە قويۇڭلار!
[12] ئۇنىڭ قىلغان ئاۋارىچىلىكلىرى مېنى ئۇپراتتى؛
لېكىن ئۇنىڭ قېلىن دېتى ئۇنىڭدىن كەتمىدى؛
شۇڭا ئۇنىڭ دېتى ئوتتا تۇرىۋەرسۇن!
[13] سېنىڭ پاسكىنىچىلىكىڭدە بۇزۇق پاھىشىلىك باردۇر؛ مەن
سېنى پاكىزلىماقچى بولدۇم، لېكىن سەن پاسكىنىچىلىقتىن
پاكىزلاندۇرۇلمايمەن دېدىڭ؛ ئەمدى قەھرىمنى ئۈستۈڭگە تۆكۈپ
توختاتمىغۇچە سەن پاسكىنىچىلىقتىن پاكىزلاندۇرۇلمايسەن.

---

6:24 **«قانخور شەھەرنىڭ هالىغا، يەنى دات باسقان قازانغا، هېچ دېتى كەتمەيدىغان قازانغا ۋاي!... ئۇنىڭغا نېسۋە چېكى تاشلانمىسۇن!»** ــ قازاننىڭ دېتى قان رەڭگىدە بولۇپ، بەلكىم شەھەرنىڭ قانخورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمىنىڭ مەنىسى بەلكىم، قازاننىڭ دات باسقان پارچىلىرىدەك، شەھەردىكىلەرمۇ پارچە-پارچە تارقىلىپ كېتىپ، هېچقانداق بەختنىڭ نېسۋىسىنى كۆرمەيدۇ دېگەنلىك. **«ئۇنىڭدىكى هەممىنى بىردىن-بىردىن ئال»** ــ ياكى «ئۇنىڭدىكى گۆش پارچىلىرىنى بىر-بىردىن ئال».

**6:24** ئەز. 2:22

7:24 **«چۈنكى ... ئۇ قاننى توپا بىلەن كۆمگىلى بولغۇدەك يەرگە ئەمەس، بەلكى تاقىر تاش ئۈستىگە تۆكتى»** ــ دېمەك، ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن ئادەملەرگە تېخىمۇ بىهۆرمەتلىك قىلىپ ئۆلارنى دەپنە قىلمىغان؛ يەنە كېلىپ، هېچ نومۇس قىلماي تۆككەن قاننى يوشۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق دەپ يۈرگەن.

**9:24** ناھ. 1:3؛ هاب. 12:2

[14] مەنكى پەرۋەردىگار شۇنداق سۆز قىلدىم؛ ئۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، مەن ئۇنى ئادا قىلىمەن؛ مەن نە بۇنىڭدىن يانمايمەن، نە ھېچ ساڭا ئىچىمنى ئاغرىتمايمەن، نە ئۇنىڭدىن ئۆكۈنمەيمەن؛ ئۇلار سېنىڭ يوللىرىڭ ۋە قىلمىشلىرىڭ بويىچە ئۇستۇڭگە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايدۇ ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## ئەزاكىيالنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ ئۆلۈمى

[15] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[16] «ئى ئىنسان ئوغلى، مەن سېنىڭ سۆيۈملۈك كۆز قارىچۇقۇڭنى بىر ئۇرۇش بىلەن سەندىن ئېلىپ كېتىمەن؛ بىراق سەن ھېچ ماتەم تۇتما، ھېچ يىغلىما، ھېچ كۆز يېشى قىلما؛ [17] سۈكۈت ئىچىدە ئۇھ-زار تارتىسەن؛ ئۆلگۈچى ئۈچۈن ھېچ ھازا تۇتما؛ سەللەڭنى بېشىڭغا ئوراپ، كەشلىرىڭنى پۇتۇڭغا باغلىغىن؛ يۈزۈڭنىڭ تۆۋىنىنى يېپىۋەتمە، ئادەملەر ئېپبەرگەن ناندىن يېمە».
[18] شۇنىڭ بىلەن مەن ئەتىگەندە خەلققە سۆز قىلدىم؛ كەچقۇرۇندا ئايالىم ئۆلدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەن بۇيرۇلغىنى بويىچە ئىش قىلدىم. [19] ئەمدى خالايىق ماڭا: «سېنىڭ بۇ قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ نېمىنى كۆرسەتكەنلىكىنى دېمەمسەن؟» دېدى.
[20] مەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم: ــ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[21] ئىسرائىل جەمەتىگە مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مەن ئۆز مۇقەددەس جايىمنى، يەنى سەن پەخىرلەنگەن كۈچ-تايانچىڭنى، كۆزۈڭلارنى خۇشال قىلغۇچى، جېنىڭلار تەشنا بولغان نەرسىنى بۇلغاي دەۋاتىمەن؛ سىلەرنىڭ كەينىڭلاردا قالغان قىز-ئوغۇللار قىلىچ بىلەن يوقىلىدۇ. [22] شۇ چاغدا سىلەر مەن ئەزاكىيال ھازىر قىلغىنىمدەك قىلىسىلەر؛ سىلەر يۈزۈڭلارنىڭ تۆۋىنىنى

---

**14:24** ئەز. 5:11؛ 24:23

**ياپمايسىلەر، ئادەملەر ئېپپەرگەن ناندىن يېمەيسىلەر؛ 23 سەللەڭلار**
**بېشىڭلاردا، كەشىڭلار ئاياغلىرىڭدا بولۇۋېرىدۇ؛ سىلەر ھېچ ماتەم**
**تۇتمايسىلەر ياكى ھېچ يىغلىمايسىلەر؛ سىلەر قەبىھلىكلىرىڭلار**
**ئىچىدە سولىشىپ، بىر-بىرىڭلارغا قارىشىپ ئۇھ-زار تارتىسىلەر.**
**24 شۇنداق قىلىپ ئەزاكىيالنىڭ ئۆزى سىلەرگە بېشارەت بولىدۇ؛ ئۇ**
**قانداق قىلغان بولسا، سىلەر شۇنداق قىلىسىلەر؛ بۇ ئىش ئەمەلگە**
**ئاشۇرۇلغاندا، سىلەر مېنىڭ رەب پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى**
**تونۇپ يېتىسىلەر.**
**25 ــ ۋە سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، مەن ئۇلاردىن كۈچ-ئىستىھكامىنى،**
**ئۇلار پەخىرلىنىدىغان گۈزەل گۆھرىنى، سۆيۈملۈك كۆز قارىچۇقلىرىنى،**
**جان-جىگىرى بولغان قىز-ئوغۇللىرىنى ئۇلاردىن مەھرۇم قىلىدىغان**
**كۈنىدە، 26 ــ يەنى شۇ كۈنىدە، ساقلانغان بىر كىشى ساڭا بۇ خەۋەرنى قۇلىقىڭغا يەتكۈزۈش**
**ئۈچۈن بىر قاچقۇن يېنىڭغا كەلمەمدۇ؟ 27 شۇ كۈنىدە ئاغزىڭ**
**ئېچىلغان بولىدۇ، سەن بۇ قاچقۇن بىلەن سۆزلىشىسەن، يەنە ھېچ**
**گاچا بولمايسەن؛ شۇنداق قىلىپ سەن ئۇلارغا بېشارەت بولىسەن؛ ۋە**
**ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ».**

23:24 **«سىلەر ھېچ ماتەم تۇتمايسىلەر ياكى ھېچ يىغلىمايسىلەر؛ سىلەر قەبىھلىكلىرىڭلار ئىچىدە سولىشىپ، بىر-بىرىڭلارغا قارىشىپ ئۇھ-زار تارتىسىلەر»** ــ دېمىسەكمۇ، بالايىئاپەت شۇنداق ئېغىر بولىدۇكى، ھېچقانداق كۆز ياشلىرى ياكى ماتەم تۇتۇشلار ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدۇ.

**23:24** ئەز. 17:4

**24:24** ئەز. 6:12

27:24 **«شۇ كۈنىدە ئاغزىڭ ئېچىلغان بولىدۇ، سەن بۇ قاچقۇن بىلەن سۆزلىشىسەن، يەنە ھېچ گاچا بولمايسەن»** ــ بۇ گاچىلىق بەش يىل ئىلگىرى باشلانغان. 26:3-ئايەتنى ئىزاھەتى بىلەن ۋە 22:33-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

## ئەللەر توغرۇلۇق بېشارەتلەر
## بىرىنچى بېشارەت ـ ئاممون توغرۇلۇق

25 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ـ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، يۈزۈڭنى ئاممونىيلارغا قارىتىپ، ئۇلارنى
ئەيىبلەپ بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگىن: ـ
[3] ـ ئاممونىيلارغا مۇنداق دېگىن ـ رەب پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاڭلار! رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ مېنىڭ مۇقەددەس جايىم
بۇلغانغاندا، ئىسرائىل زېمىنى ۋەيران قىلىنغاندا، يەھۇدا جەمەتى
سۈرگۈن قىلىنغاندا سەن ئۇلارغا قاراپ: «ۋاھ! ياخشى بولدى!»
دېگىنىڭ تۈپەيلىدىن، [4] ئەمدى مانا، مەن سېنى شەرقتىكى ئەللەرنىڭ
ئىگىدارچىلىقىغا تاپشۇرىمەن؛ ئۇلار سېنىڭ ئاراڭدا بارگاھ قۇرۇپ،
ئاراڭدا چېدىرلىرىنى تىكىدۇ؛ ئۇلار مېۋىلىرىڭنى يەپ، سۈتۈڭنى
ئىچىدۇ. [5] مەن رابباھ شەھىرىنى تۆگىلەر ئۈچۈن ئوتلاق، ئاممونىيلارنىڭ
يېرىنى قوي پادىلىرى ئۈچۈن ئارامگاھ قىلىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر.
[6] ـ چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ چۈنكى سەن ئىسرائىل
زېمىنىغا قاراپ چاۋاك چېلىپ، پۇتۇڭنى تېپىچەكلىتىپ، قەلبىڭدىكى
پۈتۈن ئۆچمەنلىك بىلەن خۇش بولغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن، [7] ئەمدى
مانا، مەن ئۈستۈڭگە قولۇمنى ئۇزارتىپ، سېنى ئەللەرگە ئولجا بولۇشقا
تاپشۇرىمەن؛ مەن سېنى خەلقلەر ئىچىدىن ئۈزىمەن، مەملىكەتلەر
ئىچىدىن يوقىتىمەن؛ مەن سېنى ھالاك قىلىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن سەن
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسەن.

---

2:25 يەر. 1:49؛ ئام. 1:14-15

6:25 **«سەن چاۋاك چېلىپ، پۇتۇڭنى تېپىچەكلىتىپ، قەلبىڭدىكى پۈتۈن ئۆچمەنلىك بىلەن ئىسرائىل زېمىنىغا خۇش بولغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن...»** ــ مۇشۇ يەردە «چاۋاك چېلىش» ۋە «پۇتنى تېپچەكلىتىش» ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

7:25 **«ئەمدى مانا، مەن ئۈستۈڭگە قولۇمنى ئۇزارتىپ، سېنى ئەللەرگە ئولجا بولۇشقا تاپشۇرىمەن...»** ــ بابىلنىڭ پادىشاھى نېبوقادنەسار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 582-يىلى راббاھ شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. كېيىن «ناباتىيلىق» ئەرەبلەر شەرق تەرىپىدىن كېلىپ

## ئىككىنچى بېشارەت ـ موئاب توغرۇلۇق

[8] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ چۈنكى موئاب ۋە سېئىرنىڭ:
«يەھۇدا پەقەت بارلىق باشقا ئەللەر بىلەن ئوخشاش، خالاس» دېگىنى
تۈپەيلىدىن، [9] شۇڭا مانا، مەن موئابنىڭ يېنىنى ـ چېگراسىدىكى
شەھەرلەرنى، زېمىنىنىڭ پەخرى بولغان بەيت-يەشىموت، بائال-مېئون
ۋە كىرىئاتايىم شەھەرلىرىدىن باشلاپ يېرىپ ئاچىمەن؛ [10] ئۇلارنى
ئاممونىيلارنىڭ زېمىنى بىلەن بىللە شەرقتىكى ئەللەرگە تاپشۇرىمەن؛
مەن ئاممونىيلارنىڭ يەنە ئەللەر ئارىسىدا ئەسلەنمەسلىكى ئۈچۈن،
ئۇلارنىڭ ئىگىدارلىقىغا تاپشۇرىمەن؛ [11] ۋە موئاب ئۈستىگە ھۆكۈم
چىقىرىپ جازالايمەن؛ ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ
يېتىدۇ.

## ئۈچىنچى بېشارەت ـ ئېدومنى ئەيىبلەش

[12] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ چۈنكى ئېدوم يەھۇدا جەمەتىدىن
ئۆچ ئېلىپ يامانلىق قىلىپ، شۇنىڭدەك ئېغىر گۇناھكار بولغىنى
تۈپەيلىدىن، ئىنتىقام ئالغىنى تۈپەيلىدىن، [13] ـ ئەمدى رەب
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ مەن ئېدومغا قولۇمنى سوزىمەن؛ شۇنىڭ
بىلەن ئۇنى زېمىنىدىن ئادەملەر ھەم ھايۋانلاردىن مەھرۇم قىلىمەن؛
مەن ئۇنى تېمان شەھىرىدىن تارتىپ ۋەيران قىلىمەن؛ ئۇلار دېدان
شەھىرىگىچە قىلىچ بىلەن يىقىلىدۇ. [14] شۇنىڭ بىلەن مەن خەلقىم
ئىسرائىلنىڭ قولى ئارقىلىق ئېدوم ئۈستىدىن ئۆز ئىنتىقامىمنى
ئالىمەن؛ ئۇلار مېنىڭ ئاچچىقىم ھەم قەھرىم بويىچە ئېدومدا ئىش

---

ئاممون زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى.

**8:25** يەر. 47-1:49

**10:25** ئەز. 37:21

11:25 **«موئاب ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن؛ ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ»** ـ بابىلنىڭ پادىشاھى نېبوقادنەسار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 582-يىلى موئابنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلدى. كېيىن «ناباتىيلىق» ئەرەبلەر شەرق تەرىپىدىن كېلىپ موئاب زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى.

قىلدۇ؛ ئېدومىيلار مېنىڭ ئىنتىقامىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## تۆتىنچى بېشارەت ــ فىلىستىيەنى ئەيىبلەش

[15] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ فىلىستىيلەر ئىنتىقام نىيىتى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، كونا ئۆچمەنلىكى بىلەن يەھۇدانى يوقىتايلى دەپ ئىچ-ئىچىدىن ئۆچ ئالغىنى تۈپەيلىدىن، [16] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن فىلىستىيەنىڭ ئۈستىگە قولۇمنى ئۇزارتىمەن؛ مەن كەرەتىيلەرنى قىرىۋېتىمەن، دېڭىز بويىدىكىلەرنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ ۋەيران قىلىمەن. [17] مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قەھرلىك تەنبىھلەرنى چۈشۈرۈپ قاتتىق ئىنتىقام ئالىمەن؛ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئىنتىقام ئالغىنىمدا ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.

## تۇر ۋە زىدوننى ئەيىبلەش

26 [1] ئون بىرىنچى يىلى، ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ

14:25 **«مەن خەلقىم ئىسرائىلنىڭ قولى ئارقىلىق ئېدوم ئۈستىدىن ئۆز ئىنتىقامىمنى ئالىمەن؛ ئۇلار مېنىڭ ئاچچىقىم ھەم قەھرىم بويىچە ئېدومدا ئىش قىلىدۇ...»** ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 120-يىلى يەھۇدىيلارنىڭ يېتەكچىسى يۇھاننا خىركانۇس ئېدومغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارغا «تووۋا قىلىپ پەرۋەردىگارغا ئىشىنىڭلار، ياكى قىلىچىمدا ئۆلۈڭلار» دېگەن تاللاش يولىنى بەردى.
17:25 **«مەن ئۇلارنىڭ فىلىستىيلەرنىڭ ئۈستىگە قەھرلىك تەنبىھلەرنى چۈشۈرۈپ قاتتىق ئىنتىقام ئالىمەن»** ــ فىلىستىيلەر ئاۋۋال بابىلنىڭ پادىشاھى نېبوقادنەسار تەرىپىدىن ئازاب كۆردى؛ ئاندىن گرېك ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى؛ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 148-146-يىللاردا ئۇلار يەھۇدىيلار تەرىپىدىن بىر مەزگىل ئىشغال قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۈگۈنكى «پەلەستىنلىكلەر»نىڭ بىر قىسمى.
1:26 **«ئون بىرىنچى يىل»** ــ سۈرگۈن بولغانلىقىنىڭ 11-يىلى ئىدى. بەلكىم ئون بىرىنچى ئاي

2 ئى ئىنسان ئوغلى، تۇرنىڭ يېرۇسالېم توغرۇلۇق: «ۋاھ! ياخشى بولدى!
ئەللەرنىڭ دەرۋازىسى بولغۇچى ۋەيران بولدى! ئۇ ماڭا قاراپ قايرىلىپ
ئېچىلدى؛ ئۇنىڭ ۋەيران قىلىنىشى بىلەن ئۆزۈمنى تويغۇزىمەن!»
دېگىنى تۈپەيلىدىن، 3 ـ شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ
مانا، ئى تۇر، مەن ساڭا قارشىمەن، دېڭىز دولقۇنلارنى قوزغىغاندەك،
كۆپ ئەللەرنى سەن بىلەن قارشىلىشقا قوزغايمەن؛ 4 ئۇلار تۇرنىڭ
سېپىللىرىنى بەربات قىلىپ، ئۇنىڭ مۇنارلىرىنى چېقىپ يوقىتىدۇ.
ئۇنىڭ ئۇستىدىكى توپىلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇنى تاقىر تاش قىلىپ
قويىمەن. 5 ئۇ پەقەت دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى تورلار يېيىلىدىغان جاي
بولىدۇ؛ چۈنكى مەن شۇنداق سۆز قىلدىم، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار؛ ئۇ
ئەللەر ئۈچۈن ئولجا بولۇپ قالىدۇ. 6 ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتا قالغان قىزلىرى
قىلىچ بىلەن قىرىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.
7 ـ چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ مانا، مەن تۇر بىلەن
قارشىلىشىشقا بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار، يەنى «پادىشاھلارنىڭ
پادىشاھى»نى، ئاتلار، جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن، ئاتلىق چەۋەندازلار،
قوشۇن ۋە زور بىر توپ ئادەملەر بىلەن شىمال تەرىپىدىن چىقىرىپ
ئېپكېلىمەن. 8 ئۇ قۇرۇقلۇقتا قالغان قىزلىرىنى قىلىچ بىلەن سويىدۇ،
ساڭا مۇھاسىرە پوتەيلىرىنى قۇرىدۇ، سېپىلغا چىقىدىغان دۆڭلۈكنى
ياسايدۇ، ساڭا قاراپ قالقانلىرىنى كۆتۈرىدۇ. 9 ئۇ سېپىللىرىڭغا
بۆسكۈچى بازغانلارنى قارىتىپ تىكلەيدۇ، قورال-پالتىلىرى بىلەن
مۇنارلىرىڭنى چېقىپ غۇلىتىدۇ. 10 ئۇنىڭ ئاتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن
ئۇلارنىڭ كۆتۈرگەن چاڭ-توپىسى سېنى قاپلايدۇ؛ سېپىللىرى
بۆسۈلگەن بىر شەھەرگە بۆسۈپ كىرگەندەك ئۇ سېنىڭ قوۋۇقلىرىڭدىن

بولۇشى مۇمكىن.

6:26 **«قۇرۇقلۇقتا قالغان قىزلىرى»** ـــ بەلكىم تۇرغا بېقىندى بولغان يېزىلارنى كۆرسىتىدۇ.

8-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

—بۇ بېشارەت توغرۇلۇق يەنە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

كىرگەندە، سىپىللىرىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ، چاقلارنىڭ ھەم
جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ساداسى بىلەن تەۋرىنىپ كېتىدۇ. [11] ئاتلىرىنىڭ
تۇياقلىرى بىلەن ئۇ بارلىق رەستە-كوچىلىرىڭنى چەيلەيدۇ؛ ئۇ
پۇقرالىرىڭنى قىلىچ بىلەن قىرىدۇ، كۈچلۈك تۈۋرۈكلىرىڭ يەرگە
يىقىلىدۇ.
[12] ئۇلار بايلىقلىرىڭنى ئولجا، مال-تاۋارلىرىڭنى غەنىمەت قىلىدۇ؛
ئۇلار سېپىللىرىڭنى بۇزۇپ غۇلىتىپ، ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىڭنى
خارابە قىلىدۇ؛ ئۇلار سېنىڭ تاشلىرىڭ، ياغاچ-لىملىرىڭ ۋە تۇپا-
چاڭلىرىڭنى دېڭىز سۇلىرى ئىچىگە تاشلايدۇ. [13] مەن ناخشىلىرىڭنىڭ
ساداسىنى توختىتىمەن؛ چىلتارلىرىڭنىڭ ئاۋازى قايتىدىن ئاڭلانمايدۇ.
[14] مەن سېنى تاقىر تاش قىلىمەن؛ سەن تورلار يېيىلىدىغان بىر جاي
بولىسەن، خالاس؛ سەن قايتىدىن قۇرۇلمايسەن؛ چۈنكى مەنكى
پەرۋەردىگار شۇنداق دېگەنمەن، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[15] رەب پەرۋەردىگار تۇرغا مۇنداق دەيدۇ: ــ سەن غۇلاپ كەتكىنىڭدە،
يارىلانغانلار ئاھ-زارلىغىنىدا، ئوتتۇرۇڭدا قىرغىن-چاپقۇن
قىلىنغاندا، دېڭىزنىڭ چەت ياقىلىرى تەۋرىنىپ كەتمەمدۇ؟
[16] دېڭىزدىكى شاھزادىلەر تەختلىرىدىن چۈشۈپ، تونلىرىنى بىرياققا
تاشلاپ، كەشتىلىك كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىدۇ؛ ئۇلار
ئۆزلىرىنى قورقۇنچ-تىترەك بىلەن پۈركەيدۇ؛ ئۇلار يەرگە ئولتۇرۇپ،
ھېچ توختاۋسىز تىترەپ، ساڭا قاراپ ساراسىمىگە چۈشىدۇ. [17] ئۇلار
سەن ئۈچۈن بىر مەرسىيەنى ئوقۇپ ساڭا مۇنداق دەيدۇ: ــ
«ئى ئاھالەڭ دېڭىزدىكىلەردىن بولغان، داڭقى چىققان،

---

**11:26** يەش. 28:5؛ يەر. 3:47

**13:26** يەش. 7:24، 8؛ يەر. 34:7؛ 9:16

14:26 **«مەن سېنى تاقىر تاش قىلىمەن؛ سەن تورلار يېيىلىدىغان بىر جاي بولىسەن، خالاس؛ سەن قايتىدىن قۇرۇلمايسەن»** ــ بۇ بېشارەت ئاۋۋال بابىلنىڭ ئىمپېراتورى نېبوقادنەسار، ئاندىن گرېك ئىمپېراتورى «بۈيۈك ئىسكەندەر» تەرەپلىرىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. تۇرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى دەل مۇشۇ ئايەتتە ئېيتىلغاندەكتۇر. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق يەنە «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

دېڭىز ئۈستىدىن كۈچلۈك ھۆكۈم سۈرگەن،
ئۆز ۋەھشەتلىرىڭنى بارلىق دېڭىزدا تۇرۇۋاتقانلارغا سالغان شەھەر!
سەن ۋە سەندا تۇرۇۋاتقانلار نەقەدەر ھالاك بولغان!
18 ھازىر سېنىڭ غۇلاپ كەتكەن كۈنۈڭدە،
دېڭىز بويىدىكىلەر تىترەپ كېتىدۇ؛
دېڭىزدىكى ئاراللار ۋە قىرغاقتىكىلەر سېنىڭ يوق بولۇپ كەتكىنىڭدىن دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالدى».
19 — چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: —
«مەن سېنى ئادەمزاتسىز شەھەرلەردەك، خارابە شەھەر قىلغىنىمدا،
مەن ئۈستۈڭگە دېڭىز چوڭقۇرلۇقلىرىنى چىقىرىپ سېنى چۆكۈرگىنىمدە،
ئۇلۇغ سۇلار سېنى بېسىپ ياپقاندا،
20 شۇ تاپتا مەن سېنى ھاڭغا چۈشكەنلەر بىلەن بىللە چۈشۈرىمەن،
قەدىمكى زاماندىكىلەرنىڭ قاتارىغا چۈشۈرىمەن؛
سېنى يەرنىڭ تەگلىرىدە تۇرغۇزىمەن؛
سېنىڭدە قايتىدىن ئادەمزات بولماسلىقى ئۈچۈن،
سېنى قەدىمكى خارابىلەر ئارىسىغا،
ھاڭغا چۈشكەنلەر بىلەن بىللە بولۇشقا چۈشۈرىمەن؛
بىراق تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا بولسا گۈزەللىك تىكلەپ قويىمەن؛
21 مەن سېنى باشقىلارغا بىر ئاگاھى-ۋەھشەت قىلىمەن؛
سەن قايتىدىن ھېچ بولمايسەن؛
ئۇلار سېنى ئىزدەيدۇ، بىراق سەن مەڭگۈگە تېپىلمايسەن»
— دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

---

**17:26** ۋەھ. 18:9-19

**18:26 «ھازىر سېنىڭ غۇلاپ كەتكەن كۈنۈڭدە، دېڭىز بويىدىكىلەر تىترەپ كېتىدۇ...»** — بۇ بېشارەتنىڭ كۆپ جەھەتلەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**20:26 «بىراق تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا بولسا گۈزەللىك تىكلەپ قويىمەن»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن قايتىدىن تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورۇندا بولمايسەن».

## تۇر توغرۇلۇق يەنە بىر بېشارەت ـ
## تۇر شەھىرىنى چىرايلىق كېمىگە ئوخشىتىش

27 1 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ـ
2 سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، تۇر توغرۇلۇق بىر مەرسىيەنى
ئاغزىڭغا ئېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: ـ
3 ئى دېڭىزلارنىڭ كىرىش ئاغزىدا تۇرۇقلۇق، دېڭىز بويلىرىدىكى كۆپ
ئەللەر بىلەن سودىلاشقۇچى، رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ
ئى تۇر، سەن «مېنىڭ گۈزەللىكىم كامالەتكە يەتتى!» دېدىڭ.
4 سېنىڭ چېگرالىرىڭ بولسا دېڭىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى؛
سېنى ياسىغانلار گۈزەللىكىڭنى كامالەتكە يەتكۈزدى.
5 ئۇلار بارلىق تاختايلىرىڭنى سېنىردىكى قارىغايلاردىن ياسىغان؛
ساڭا موما ئۈچۈن ئۇلار لىۋاندىن كېدىر دەرىخىنى ئېپكەلگەن؛
6 پالاقلىرىڭنى باشاندىكى دۇب دەرەخلىرىدىن ياسىغان؛
پالۇباڭنى سەمشىت دەرەخلىرىدىن ياساپ،
كۇپروس دېڭىز بويىدىكى پىل چىشى بىلەن نەقىشلىگەن.
7 يەلكىنىڭ مىسىردىن كەلتۈرۈلگەن كەشتىلىك لىباستىن ياسالغان،
ئۇ ساڭا تۇغ بولغان؛
سايىۋىنىڭ بولسا دېڭىز بويىدىكى ئېلىشاھدىكى كۆك ۋە سۆسۈن
رەختلەردىن ئىدى؛
8 زىدوندىكىلەر ھەم ئاروادتىكىلەر سېنىڭ پالاق ئۇرغۇچىلىرىڭ ئىدى؛
سەندە بولغان دانىشمەنلەر، ئى تۇر، سېنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىڭ
ئىدى.
9 گەبالدىكى ئاقساقاللار ۋە ئۇنىڭ دانىشمەنلىرى سەندە بولۇپ،

---

3:27 **«ئى دېڭىزلارنىڭ كىرىش ئاغزىدا تۇرۇقلۇق...»** ـــ ئىبرانىي تىلدا «كىرىش ئاغزى» دېگەن سۆز «جۈپلۈك شەكلىدە»، چۈنكى تۇرنىڭ ئىككى پورتى بار ئىدى.

**3:27** ئەز. 12:28

**6:27** يەش. 13:2

7:27 **«ئېلىشاھ»** ـــ يەلكىم كۇپروسنى كۆرسىتىدۇ.

كاۋاكلىرىڭنى ئېتەتتى؛
دېڭىز-ئوكياندىكى بارلىق كېمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ دېڭىزچىلىرى مال ئالماشتۇرۇشقا يېنىڭغا كېلەتتى.
[10] پارسلار، لۇدتىكىلەر، لىۋىيەدىكىلەر قوشۇنغا تىزىملىنىپ، سېنىڭ لەشكەرلىرىڭ بولغان؛
ئۇلار قالقان-دۇبۇلغىلىرىنى ئۇستۇڭگە ئېسىپ، سېنى ھەيۋەتلىك قىلغان؛
[11] ئارۋادتىكىلەر قوشۇنىڭ بىلەن ھەر تەرىپىڭدە سېپىللىرىڭدا تۇرۇپ كۆزەتتە بولغان؛
گامادتىكىلەرمۇ مۇنارلىرىڭدا تۇرغان؛
ئۇلار قالقان-قوراللىرىنى ئەتراپىڭغا، سېپىللىرىڭغا ئېسىپ قويغان؛
ئۇلار گۈزەللىكىڭنى كامالەتكە يەتكۈزگەن؛
[12] تاۋارلىرىڭنىڭ مول بولغانلىقىدىن تارشىش ساڭا خېرىدار بولغان؛
مەھسۇلاتلىرىڭغا ئۇلار كۈمۈش، تۆمۈر، قەلەي، قوغۇشۇن تېگىشىپ بەرگەن.
[13] جاۋان، تۇبال ۋە مەشەك سەن بىلەن سودا قىلغان؛
ئۇلار تاۋارلىرىڭغا ئادەملەرنىڭ جانلىرى، مىس قاچا-قازانلارنى تېگىشكەن.
[14] توگارماھ جەمەتىدىكىلەر مەھسۇلاتلىرىڭ ئۈچۈن ئاتلار، جەڭ ئاتلىرى ۋە قېچىرلارنى تېگىشىپ بەرگەن.
[15] دېداندىكىلەر سەن بىلەن سودىلاشقان؛

---

10:27 **«لىۋىيەدىكىلەر»** — «لىۋىيە» ياكى«لىبيا» ئىبرانىي تىلىدا «پۇت» دېگەن سۆزدۇر.

12:27 **«تارشىش»** — قەدىمكى زامانلاردا دېڭىز سودىسى بىلەن داڭقى چىققان «تارشىش» دەيدىغان ئۈچ يۇرت بار بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىرىنچىسى، شىمالىي ئافرىقىدا (ھازىرقى ماراكەش ئەتراپىدا)؛ ئىككىنچىسى ئىسپانىيە، ئۈچىنچىسى ئەنگلىيە ئىدى. مۇشۇ يەردە بەلكىم ئىسپانىيىنى كۆرسىتىدۇ.

13:27 **«جاۋان»** — ھازىرقى گرېتسىيەدۇر. تۇبال ۋە مەشەك ئەسلىدە ھازىرقى تۈركىيە زېمىنىدا ياشىغان ئىككى قەبىلە ئىدى. كېيىن ئۇلار رۇسىيە تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. **«ئادەملەرنىڭ جانلىرى»** — قۇللار دېگەنلىك.

**دېڭىز بويلىرىدىكى كۆپ خەلق ساڭا خېرىدار بولغان؛**
**ئۇلار ساڭا دەندان، ئەبنۇس ياغىچىنى تۆلىگەن؛**
**[16] سۇرىيە قول ھۈنەرلىرىڭنىڭ مول بولغانلىقىدىن ساڭا خېرىدار بولغان؛**
**ئۇلار مەھسۇلاتلىرىڭغا ماۋى ياقۇتلار، سۆسۈن رەختلەرنى، كەشتىلەرنى، نەپىس كاناپ رەختلەرنى، مارجانلارنى، قىزىل ياقۇتلارنى تېگىشىپ بەرگەن.**
**[17] يەھۇدا ۋە ئىسرائىل زېمىنىدىكىلەردىنمۇ سەن بىلەن سودىلاشقۇچىلار بولغان؛**
**تاۋارلىرىڭغا ئۇلار مىنىنىتنىڭ بۇغدايلىرى، پىچىنىلەر، ھەسەل، زەيتۇن مېيى، مەلھەم دورىلارنى تېگىشىپ بەرگەن.**
**[18] دەمەشق قول ھۈنەرلىرىڭنىڭ مول بولغانلىقىدىن،**
**ھەرخىل بايلىقلىرىڭ تۈپەيلىدىن ساڭا خېرىدار بولۇپ ساڭا خەلبوننىڭ شارابلىرىنى، ئاق يۇڭلارنى تېگىشىپ بەرگەن.**
**[19] ۋېدان ۋە ئۇزالدىن چىققان جاۋاندىكىلەر مەھسۇلاتلىرىڭغا سوقۇلغان تۆمۈر، قوۋزاقدارچىن، ئېگىرنى تېگىشكەنىدى.**
**[20] دېدان ساڭا ئات توقۇملىرىنى تېگىشىپ بەرگەن؛**
**[21] ئەرەبىستان ۋە كېداردىكى بارلىق شاھزادىلەر ساڭا خېرىدار بولدى؛**
**ساڭا پاخلانلار، قوچقارلار ۋە ئۆچكىلەرنى تېگىشىپ بەرگەن.**
**[22] شېبا ھەم رائامادىكى سودىگەرلەر سەن بىلەن تىجارەت قىلغان؛**
**مەھسۇلاتلىرىڭغا ئۇلار ھەرخىل سەرخىل تېتىتقۇلار، قىممەتلىك جاۋاھىراتلار ۋە ئالتۇن ئالماشتۇرۇپ بەرگەن.**
**[23] ھاران، كاننەھ، ئېدەندىكىلەر ۋە شېبا، ئاشۇر، خىلمادتىكى سودىگەرلەر سەن بىلەن تىجارەت قىلغان؛**

---

16:27 **«سۇرىيە قول ھۈنەرلىرىڭنىڭ مول بولغانلىقىدىن ساڭا خېرىدار بولغان...»** — بەزى كونا كۆچۈرمە نۇسخىلاردا «ئارام» (سۇرىيە) ئەمەس، «ئېدوم» دېيىلىدۇ. 18-ئايەتتە «دەمەشق» (سۇرىيەنىڭ پايتەختى) توغرۇلۇق سۆز بولغاچقا، «ئېدوم» بەلكىم توغرىدۇر.
23:27 **«ئاشۇر»** — ئاسۇرىيە.

24 ئۇلار ساڭا ھەشەمەتلىك كىيىم-كېچەك، سۆسۈن رەختلەر ۋە
كەشتىلەر، رەڭمۇرەڭ گىلەملەرنى تېگىشىپ بەرگەن؛
بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈگۈنچەكلىنىپ تانا-ئارغامچىلار بىلەن چىڭ
باغلىنىپ، بازىرىڭغا كىردى.
25 تارشىشتىكى كېمىلەر تاۋارلىرىڭنى كۆتۈرگەن كارۋانلاردەك بولغان؛
شۇنىڭ بىلەن سەن دېڭىز-ئوكيانىنىڭ باغرىدا مال بىلەن تولدۇرۇلۇپ،
ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتكەنسەن؛
26 سېنىڭ پالاق ئۇرغۇچىلىرىڭ سېنى ئۇلۇغ سۇلارغا ئاپاردى؛
شەرق شامىلى سېنى دېڭىز-ئوكيانىنىڭ باغرىدا پارە-پارە قىلىۋەتتى؛
27 سېنىڭ مال-مۈلۈكلىرىڭ، بازارلىرىڭ، دېڭىزچىلىرىڭ ۋە يول
باشلىغۇچىلىرىڭ،
كاۋاكلىرىڭنى ئەتكۈچىلەر، سەن بىلەن سودىلاشقان سودىگەرلەر،
سەندە بولغان بارلىق لەشكەرلىرىڭ،
جۇملىدىن ئاراڭدا توپلانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سەن ئۆرۈلۈپ
كەتكەن كۈنۈڭدە ئۆرۈلۈپ دېڭىز-ئوكيانىنىڭ قوينىغا غەرق بولۇپ
كېتىدۇ.
28 يول باشلىغۇچىلىرىڭنىڭ ئاھ-زارلىرىدىن دالادىكىلەر تەۋرەپ
كېتىدۇ.
29 پالاق ئورغۇچىلارنىڭ ھەممىسى،
دېڭىزچىلار، دېڭىزدا بارلىق يول باشلىغۇچىلار ئۆز كېمىلىرىدىن
چۈشىدۇ؛
ئۇلار قۇرۇقلۇقتا تۇرىدۇ؛
30 ئۇلار ساڭا قاراپ ئاۋازىنى ئاڭلىتىپ،

---

25:27 «**ئېغىرلىشىپ كەتكەن**» ـــ ئىبرانىي تىلدا ئىككى بىسلىق گەپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى مەنىسى «ھۆرمەت-ئابرۇيلۇق بولغان» دېگەن مەنىدە. شۈبھىسىزكى، بۇ كىنايىلىك گەپ ئىدى.

**26:27** ئەز. 1:17

**27:27** ۋەھ. 18:9-19

**28:27** ئەز. 10:26، 15

قاتتىق ئاھ-زار كۆتۈرىدۇ؛
ئۇلار تو‌پا-چاڭ چىقىرىپ بېشىغا چاچىدۇ؛
ئۇلار كۈللەر ئىچىدە ئېغىنايدۇ.
31 ئۇلار سېنى دەپ چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ ئۆزلىرىنى تاز قىلىپ، بۆز كىيىملەرگە ئورايدۇ؛
ئۇلار قاتتىق ماتەم تۇتۇپ سەن ئۈچۈن زور دەرد-ئەلەم ئىچىدە يىغلايدۇ.
32 ئۇلار ئاھ-زارلىرىنى كۆتۈرگىنىدە سەن ئۈچۈن بىر مەرسىيەنى ئوقۇپ، سەن توغرۇلۇق ھازا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«تۇر دېڭىز-ئوكيانلار ئوتتۇرىسىدا، ھازىر جىمجىت قىلىنغان!
ئەسلى كىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيتتى؟
33 مەھسۇلاتلىرىڭ دېڭىز-ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ كەتكەندە،
سەن كۆپ خەلقلەرنى قانائەتلەندۈرگەن؛
بايلىقلىرىڭ ۋە تاۋارلىرىڭنىڭ موللۇقى بىلەن يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارنى بېيىتقانسەن.
34 سەن سۇلارنىڭ چوڭقۇر تېگىدە دېڭىز-ئوكيانلار تەرىپىدىن پارە-پارە قىلىنغاندا،
تاۋارلىرىڭ ھەم ئاراڭدا بولغان توپ-توپ ئادەملىرىڭمۇ ئۆرۈلۈپ غەرق بولۇپ كەتتى.
35 بارلىق دېڭىز بويىدىكىلەر ساڭا قاراپ ئالاقزادە بولغان؛
ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى دەھشەت قورقۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سۇر باسقان.
36 خەلقلەر ئارىسىدىكى سودىگەرلەر ساڭا قاراپ «ئۇش-ئۇش» قىلدى؛
سەن ئۆزۈڭ بىر ۋەھشەت ئىدىڭ، ئەمدى قايتىدىن بولمايسەن».

---

31:27 **«بۆز كىيىملەر»** — ماتەم تۇتۇش ياكى قاتتىق توۋا قىلىشنى بىلدۈرەتتى.

**31:27** يەر. 37:48

36:27 **«سودىگەرلەر ساڭا قاراپ «ئۇش-ئۇش» قىلدىئ»** — «ئۇش-ئۇش قىلىش» كونا جەمئىيەتتە مەسخىرە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**36:27** ئەز. 21:26

## تۇرنىڭ پادىشاھىنى ئەيىبلەيدىغان بىر بېشارەت

28 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، تۇرنىڭ شاھزادىسىگە مۇنداق دېگىن: ــ
رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«سېنىڭ ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ: «مەن بىر ئىلاھتۇرمەن؛
مەن خۇدانىڭ تەختىگە، يەنى دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ باغرىدا
ئولتۇرىمەن»، دېگەنسەن؛
(بىراق سەن ئىنسان، خۇدا ئەمەسسەن!)
سەن ئۆز كۆڭلۈڭنى خۇدانىڭ كۆڭلى دەپ ئويلاپ قالدىڭ.
[3] مانا، سەن دانىيالدىن داناسەن؛
ھېچقانداق سىر سەندىن يوشۇرۇن ئەمەس؛
[4] دانالىقىڭ ۋە ئەقلىڭ بىلەن سەن بايلىقلارغا ئىگە بولدۇڭ،
ئالتۇن-كۈمۈشنى خەزىنىلىرىڭگە توپلاپ قويدۇڭ؛
[5] تىجارەتتە بولغان زور دانالىقىڭ بىلەن بايلىقلىرىڭنى ئاۋۇتتۇڭ؛
بايلىقلىرىڭ تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتتۇڭ: ــ
[6] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
سەن ئۆز كۆڭلۈڭنى خۇدانىڭ كۆڭلى دەپ ئويلاپ كەتكەنلىكىڭدىن،
[7] ئەمدى مانا، مەن يات ئادەملەر،
يەنى ئەللەرنىڭ دەھشەتلىك ئۇستۇڭگە ئېپكېلىمەن؛
ئۇلار دانالىقىڭنىڭ پارلاقلىقىنى يوقىتىشقا قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ،
شان-شەرىپىڭنى بۇلغايدۇ؛
[8] ئۇلار سېنى ھاڭغا چۈشۈرىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن سەن دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ قوينىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ
ئۆلۈمىدە ئۆلىسەن.

---

**2:28** يەش. 3:31

**3:28 «مانا، سەن دانىيالدىن داناسەن»** ــ شۇ ۋاقىتتا دانىيال پەيغەمبەر ئاللىقاچان بابىل ئوردىسىدا بىرىنچى يىل باش ۋەزىر بولغان.

**7:28** يەر. 23:6

9 ئەمدى سېنى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئالدىدا: «مەن خۇدا» ــ دەمسەن؟
بىراق سەن ئۆزۈڭنى سانجىپ ئۆلتۈرىدىغانىنىڭ قولى ئاستىدا تەڭرى
ئەمەس، ئىنسان بولۇپ چىقىسەن.
10 سەن يات ئادەملەرنىڭ قولىدا خەتنە قىلىنمىغانلارغا لايىق بولغان
ئۆلۈم بىلەن ئۆلىسەن؛
چۈنكى مەن شۇنداق سۆز قىلغان»، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## تۇرنىڭ پادىشاھى توغرۇلۇق بىر مەرسىيە

11 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
12 ئى ئىنسان ئوغلى، تۇرنىڭ پادىشاھى توغرۇلۇق ئاۋازىڭنى كۆتۈرۈپ
بۇ مەرسىيەنى ئاغزىڭغا ئېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: ــ
رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«سەن، كامالەتنىڭ جەۋھىرى بولغان،
دانالىققا تولغان، گۈزەللىكتە كامالەتكە يەتكەنىدىڭ؛
13 سەن ئېرەم باغچىسى، يەنى خۇدانىڭ باغچىسىدا بولغانسەن؛
ھەربىر قىممەتلىك تاشلار، يەنى قىزىل ياقۇت، سېرىق گۆھەر ۋە
ئالماس، بېرىل ياقۇت، ئاق ھېقىق، ئانارتاش، كۆك ياقۇت، زۇمرەت ۋە
كۆك قاشتاش ساڭا يۆگەك بولغان؛
ياقۇت كۆزلىرىڭ ۋە نەققاشلىرىڭ ئالتۇن ئىچىگە ياسالغان؛
سەن يارىتىلغان كۈنۈڭدە ئۇلار تەييارلانغانىدى.
14 سەن بولساڭ مەسىھلەنگەن مۇھاپىزەتچى كېرۇب ئىدىڭسەن،
چۈنكى مەن سېنى شۇنداق بېكىتكەنىدىم؛

---

10:28 **«سەن يات ئادەملەرنىڭ قولىدا خەتنە قىلىنمىغانلارغا لايىق بولغان ئۆلۈم بىلەن ئۆلىسەن»** ــ تۇردىكىلەر ئادەتتە «خەتنە قىلىنمىغان»لاردىندۇر. «ئەزاكىيال پەيغەمبەر» دېگەن كىتابتا، «خەتنە قىلىنمىغان پېتىدا ئۆلۈش» دېگەن سۆز «خۇدادىن ئايرىلغان پېتىدا ئۆلۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز «خەتنە» دېگەن تېما ئۈستىدە توختىتىلىمىز.

12:28 **«سەن، كامالەتنىڭ جەۋھىرى بولغان»** ــ ياكى «سەن، كامالەتنىڭ مۆھۈرى بولغان».

**12:28** ئەز. 3:27

**سەن خۇدانىڭ مۇقەددەس تېغىدا بولغانسەن؛**
**سەن ئوتلۇق تاشلار ئارىسىدا يۈرەتتىڭ؛**
15 **سەن يارىتىلغان كۈندىن بېرى، سەندە قەبىھلىك پەيدا بولغۇچە، يولliرىڭدا مۇكەممەل بولۇپ كەلگەنىدىڭ.**
16 **قىلغان سودىلىرىڭنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن سەن زورلۇق-زۇمبۇلۇق بىلەن تولۇپ، گۇناھ سادىر قىلغان؛**
**شۇڭا مەن سېنى خۇدانىڭ تېغىدىن هارام نەرسە دەپ تاشلىۋەتكەنمەن؛**
**مەن سېنى، ئى مۇھاپىزەتچى كېرۇب، ئوتلۇق تاشلار ئارىسىدىن هەيدەپ يوقاتقانمەن؛**
17 **سېنىڭ كۆڭلۈڭ گۈزەللىكىڭ بىلەن تەكەببۇرلىشىپ كەتتى؛**
**پارلاقلىقىڭ تۈپەيلىدىن سەن دانالىقىڭنى بۇلغىغانسەن؛**
**مەن سېنى يەرگە تاشلىۋەتتىم؛**

---

**14:28 «سەن بولساڭ مەسىھلەنگەن مۇھاپىزەتچى كېرۇب ئىدىڭسەن»** — «كېرۇب» توغرۇلۇق 3:9-ئايەتتىكى ئىزاھات، «يار.» 24:3 ۋە »تۆبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ. «كېرۇب»لار كۈچلۈك پەرىشتىلەردۇر.
— —«مەسىھلىنىش» ياكى «مەسىھ قىلىنىش» — تەۋراتتىكى بەلگىلىمىدە، يېڭى پادىشاھ، «باش كاھىن» هەم بەزى چاغلاردا پەيغەمبەرلەرنى تىكلەش ئۈچۈن «مەسىھ قىلىنىش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. مۇراسىمدا بېشىغا پۇراقلىق ماي قۇيۇلاتتى. بۇ «مەسىھلەش» دەپ ئاتالغان. بىراق مۇشۇ يەردە بىر كېرۇب (پەرىشتە) «مەسىھ قىلىنغان»؛ خۇدا ئۆزى ئۇنى ئالاھىدە بىر خىزمەت قىلىشقا تەييارلاش ئۈچۈن ئۇنى مەسىھلىگەن بولسا كېرەك.
**15:28 «سەن يارىتىلغان كۈندىن بېرى، سەندە قەبىھلىك پەيدا بولغۇچە، يوللىرىڭدا مۇكەممەل بولۇپ كەلگەنىدىڭ»** — ئۇقۇرمەنلەر بەلكىم هازىر كۆرىدۇكى، ئەزاكىيال پەيغەمبەر تۇر پادىشاھىغا ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان روهىي كۈچكە سۆز قىلىۋاتىدۇ. ئالدىدىكى 1-10 ئايەتلەر «تۇرنىڭ شاھشازادىسى» توغرۇلۇق ئىدى؛ هازىر تېما «تۇرنىڭ پادىشاھى»غا ئۆزگەرتىلىدۇ. بىزدە هېچ گۇمان يوقكى، ئۇ شەيتانغا گەپ قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ يەردە شەيتان توغرۇلۇق بىرنەچچە مۇهىم خەۋەرلەر بار: —
—(1) ئۇ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان.
—(2) ئۇنىڭ ئېرەم باغچىسىدا ئالاھىدە مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدىغان خىزمىتى بار ئىدى.
—(3) ئۇ ئەسلى ئىنتايىن چىرايلىق ۋە كۈچلۈك كېرۇب (پەرىشتە) ئىدى.
—(4) ئۇ ئېرەم باغچىسىدا بولغان ۋاقىتتا خۇداغا قارشى چىققان.
—(5) شۇ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئۇ خۇدانىڭ هۇزۇرىدىن هەيدىۋېتىلگەن.

پادىشاھلار سېنى كۆرۈپ يېتىشى ئۈچۈن مەن سېنى ئۇلار ئالدىدا
ياتقۇزدۇم.
18 سېنىڭ قەبىھلىكلىرىڭنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن،
قىلغان سوداڭنىڭ ئادىلسىزلىقى تۈپەيلىدىن،
ئۆز مۇقەددەس جايلىرىڭنى بۇلغىغانسەن؛
مەن ئۆزۈڭدىن بىر ئوتنى چىقاردىم،
ئۇ سېنى كۆيدۈرۈپ يەۋەتتى؛
شۇنىڭ بىلەن ساڭا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆز ئالدىدا،
مەن سېنى يەردە قالغان كۈللەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتىم.
19 سېنى تونۇغانلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قاراپ ساراسىمىدە قالدۇ؛
سەن ئۆزۈڭ بىر ۋەھشەت بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى قايتىدىن بولمايسەن».

## زىدوننى ئەيىبلەيدىغان بىر بېشارەت

20 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
21 «ئى ئىنسان ئوغلى، يۈزۈڭنى زىدونغا قارىتىپ ئۇنى ئەيىبلەپ
بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگىن: ــ
22 رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«مانا، مەن ساڭا قارشى، ئى زىدون؛
ئۆزۈم ئاراڭدا ئۇلۇغلىنىمەن؛
مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالىغىنىمدا،
ئۆزۈمنى ئۇنىڭدا پاك-مۇقەددەس ئىكەنلىكىمنى كۆرسەتكىنىمدە،
ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.
23 مەن ئۇلارغا ۋابانى ئەۋەتىپ، رەستە-كوچىلىرىدا قان ئاققۇزىمەن؛

---

17:28 **«... مەن سېنى يەرگە تاشلىۋەتتىم؛ پادىشاھلار سېنى كۆرۈپ يېتىشى ئۈچۈن مەن سېنى ئۇلار ئالدىدا تۇرغۇزدۇم»** ــ مۇشۇ 17- ۋە كېيىنكى ئايەتلەردە، ئەزاكىيال ھەم شەيتانغا ھەم تۇر پادىشاھى (ئىتتوبال II)غا سۆز قىلىدۇ. تۇر پادىشاھى شەيتانغا ئىنتايىن ئوخشاپ كەتكەن.
21:28 **«زىدون»** ــ تۇر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق رايون ئىدى.

ئۇنىڭغا قارشى چىققان قىلىچنىڭ ھەر ئەتراپىدا بولغانلىقىدىن
ئوتتۇرىسىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر يىقىلىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ؛
[24] ئۇلار يەنە ئىسرائىل جەمەتىنى كۆزگە ئىلمىغان ئەتراپىدىكىلەر
ئارىسىدا،
ئىسرائىل ئۈچۈن ئادەمنى سانجىغۇچى جىغان ياكى دەرد-ئەلەملىك
تىكەن بولمايدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ رەب پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ
يېتىدۇ».
[25] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇلار تارقىتىلغان ئەللەر
ئارىسىدىن ئىسرائىل جەمەتىنى قايتىدىن يىغقىنىمدا، ئۇلاردا
ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ پاك-مۇقەددەس ئىكەنلىكىمنى
كۆرسەتكىنىمدە، ئەمدى ئۇلار مەن ئۆز قۇلۇم بولغان ياقۇپقا تەقدىم
قىلغان، ئۆزىنىڭ زېمىنىدا ئولتۇرىدۇ؛ [26] ئۇلار ئۇنىڭدا تىنچ-ئامانلىق
ئىچىدە ياشاپ، ئۆيلەرنى سېلىپ ئۈزۈمزارلارنى تىكىدۇ؛ مەن ئۇلارنى
كۆزگە ئىلمايدىغان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە
ھۆكۈم چىقىرىپ جازالىغىنىمدا، ئۇلار تىنچ-ئامانلىق ئىچىدە
تۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ خۇداسى
ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىدۇ».

## پىرەۋۇن ۋە مىسىرنى ئەيىبلەيدىغان بېشارەت

29 [1] ئونىنچى يىلى، ئونىنچى ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنىدە
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، يۈزۈڭنى مىسىر پادىشاھى پىرەۋۇنگە قارىتىپ
ئۇنى ۋە مىسىرنىڭ بارلىق ئەھلىنى ئەيىبلەپ بېشارەت بېرىپ مۇنۇ

26:28 يەر. 5:31

سۆزلەرنى دېگىن: ــ
[3] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «ئى ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ دەريا
ئۆزۈمنىڭكى، مەن ئۇنى ئۆزۈم ئۈچۈن ياراتقانمەن» دېگۈچى بولغان،
ئۆز دەريالىرى ئوتتۇرىسىدا ياتقان يوغان ئەجدىھا مىسىر پادىشاھى
پىرەۋن، مانا، مەن ساڭا قارشىمەن!
[4] مەن قارماقلارنى ئېڭەكلىرىڭگە سېلىپ، دەريالىرىڭدىكى بېلىقلارنى
ئۆز قاسىراقلىرىڭغا چاپلاشتۇرۇپ سېنى دەريالىرىڭ ئوتتۇرىسىدىن
چىقىرىمەن؛ دەريالىرىڭدىكى بارلىق بېلىقلار قاسىراقلىرىڭغا
چاپلىشىدۇ. [5] مەن سېنى، يەنى سەن ۋە دەريالىرىڭدىكى بارلىق
بېلىقلارنى چۆل-باياۋانغا تاشلايمەن؛ سەن دالاغا چۈشۈپ يىقىلىسەن.
ھېچكىم سېنى يىغمايدۇ، دەپنە قىلمايدۇ؛ مەن سېنى يەر يۈزىدىكى
ھايۋانلار، ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارنىڭ ئوزۇقى بولۇشقا تەقدىم
قىلىمەن. [6] شۇنىڭ بىلەن مىسىردا بارلىق تۇرۇۋاتقانلار مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئىسرائىل
جەمەتىگە «قومۇش ھاسا» بولغان. [7] ئۇلار سېنى قول بىلەن تۇتقاندا،
سەن يېرىلىپ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل مۈرىلىرىنى تىلىۋەتتىڭ؛ ئۇلار ساڭا
تايانغاندا، سەن سۇنۇپ، پۈتكۈل بەللىرىنى مىتكۈت قىلىۋەتتىڭ».
[8] ئەمدى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئۈستۈڭگە بىر قىلىچ
چىقىرىپ، سەندىكى ئىنسان ۋە ھايۋانلارنى قىرىۋېتىمەن. [9] مىسىر
زېمىنى ۋەيرانە ۋە خارابىلەر بولۇپ قالىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ؛ چۈنكى پىرەۋن: «نىل
دەرياسى مېنىڭكى، مەن ئۇنى ياراتقانمەن» دېگەنىدى.

---

**2:29 «مىسىرنىڭ بارلىق ئەھلىنى ئەيىبلەپ بېشارەت بېرىپ...»** ــ مىسىر ئىككى قىسمغا، يەنى «تۆۋەن مىسىر» ۋە «يۇقىرىقى مىسىر»غا بۆلۈنگەن. «مىسىرنىڭ بارلىق ئەھلىنى...» دېگەن سۆز بۇ ئىككى قىسمغا قارىتىلغان.

**3:29** زەب. 13،14:74؛ يەش. 1:27؛ 9:51

**6:29 «قومۇش ھاسا»** ــ دېمەك، تايانغىلى بولمايدىغان، ئىشەنچسىز ياردەم. 7-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**6:29** 2پاد. 21:18؛ يەش. 6:36

10 شۇڭا مانا، مەن ساڭا ھەم سېنىڭ دەريالىرىڭغا قارشىمەن؛ مەن
مىسىر زېمىنىنى مىگدولدىن سەۋەنگىچە، يەنى ئېفىئوپىيەنىڭ
چېگراسىغىچە پۈتۈنلەي خارابە-ۋەيرانە قىلىۋېتىمەن. 11 قىرىق يىل
ئىچىدە، ئىنساننىڭ ياكى ھايۋاننىڭ ئايىغى ئۇنى بېسىپ ئۆتمەيدۇ
ۋە ئۇنىڭدا ھېچ ئادەم تۇرمايدۇ. 12 مەن مىسىر زېمىنىنى ۋەيران
قىلىنغان زېمىنلار ئارىسىدا ۋەيران قىلىمەن؛ ۋە ئۇنىڭ شەھەرلىرى
خارابە قىلىنغان شەھەرلەر ئارىسىدا قىرىق يىل ۋەيران بولىدۇ؛
مەن مىسىرلىقلارنى ئەللەر ئارىسىغا تارقىتىۋېتىمەن، ئۇلارنى
مەملىكەتلەر ئارىسىغا تارىتىمەن.
13 بىراق رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «قىرىق يىلنىڭ ئاخىرىدا مەن
مىسىرلىقلارنى تارقىتىلغان ئەللەردىن يىغىپ قايتۇرىمەن؛ 14 مەن
مىسىرنى سۈرگۈندىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى پاتروس زېمىنىغا،
يەنى تۇغۇلغان زېمىنغا قايتۇرىمەن؛ ئۇلار شۇ يەردە تۆۋەن دەرىجىلىك
بىر مەملىكەت بولىدۇ. 15 ئۇ مەملىكەتلەر ئارىسىدا ئەڭ تۆۋەن
تۇرىدۇ؛ ئۇ قايتىدىن ئۆزىنى باشقا ئەللەر ئۈستىگە كۆتۈرمەيدۇ؛ مەن
ئۇلارنى پەسەيتىمەنكى، ئۇلار قايتىدىن باشقا ئەللەر ئۈستىدىن ھۆكۈم
سۈرمەيدۇ. 16 مىسىر قايتىدىن ئىسرائىل جەمەتىنىڭ تايانچىسى
بولمايدۇ؛ ئەكسىچە ئۇلار دائىم ئىسرائىل ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پاناھ

---

**10:29 «مىسىر زېمىنىنى مىگدولدىن سەۋەنگىچە، يەنى ئېفىئوپىيەنىڭ چېگراسىغىچە...»** — «مىگدول» بەلكىم نىل دەرياسىنىڭ دېلتىسىدا، «سەۋەن» بولسا ھازىرقى «ئاسۋان» (جوڭ دامبا ياسالغان) شەھەرنى كۆرسىتىدۇ.

**12:29 «زېمىنىنى ۋەيران قىلىنغان زېمىنلەر ئارىسىدا ۋەيران قىلىمەن»** — بۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىبارىلەر بەلكىم «دۇنيا بويىچە ئۇنى ئەڭ ۋەيرانە زېمىن قىلىمەن» دېگەن مەنىدە. **«ئۇنىڭ شەھەرلىرى خارابە قىلىنغان شەھەرلەر ئارىسىدا قىرىق يىل ۋەيران بولىدۇ»** — «قىرىق يىل ۋەيران بولۇش»نى كۆرسەتكەن بۇ بېشارەت، بەلكىم بىرىنچى قېتىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 525-487-يىللاردا، پارس ئىمپېراتورى «كامبىسىس»نىڭ مىسىر ئۈستىدىن رەھىمسىز ھۆكۈم سۈرۈشى، شۇنىڭدەك مىسىرنىڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈلۈشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بىراق شۇ دەۋردە مىسىردا «ئۇنىڭدا ھېچ ئادەم تۇرمايدۇ» دېگەن (11-ئايەتتىكى) بېشارەت تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىدى. شۇڭا بېشارەتنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئويلايمىز. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

ئۆزدەش گۇناھىنىڭ ئەسلەتمىسى بولىدۇ؛ ئاندىن ئۇلار مېنىڭ رەب
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىدۇ».

## مىسىر ۋە بابىل

[17] يىگىرمە يەتتىنچى يىلى، بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە شۇنداق
بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[18] ئى ئىنسان ئوغلى، بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار تۇرغا جەڭ
قىلىشتا قوشۇنىنى قاتتىق جاپالىق ئەمگەككە سالدى؛ شۇنىڭ
بىلەن ھەربىر باش تاقىر بولۇپ كەتتى، ھەربىر مۈرە سۈركىلىپ
يېغىر بولۇپ كەتتى؛ بىراق نە ئۇ نە قوشۇنى تۇر بىلەن قارشىلاشقان
ئەمگەكتە ھېچقانداق ھەق ئالمىدى؛ [19] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ مانا، مەن مىسىر زېمىنىنى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارغا
تەقدىم قىلىمەن؛ ئۇ ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى ئېلىپ، ئولجىسىنى بۇلاپ،
غەنىيمەتتىنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ؛ بۇلار ئۇنىڭ قوشۇنى ئۈچۈن ئىش
ھەققى بولىدۇ. [20] مەن ئۇنىڭغا تۇرغا جەڭ قىلغانلىقى ئىش ھەققى
ئۈچۈن مىسىر زېمىنىنى تەقدىم قىلدىم؛ چۈنكى ئۇلار مېنى دەپ

---

**16:29 «مىسىر قايتىدىن ئىسرائىل جەمەتىنىڭ تاياتچىسى بولمايدۇ؛ ئەكسىچە ئۇلار دائىم ئىسرائىل ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پاناھ ئىزدەش گۇناھىنىڭ ئەسلەتمىسى بولىدۇ» ــ** ئىسرائىللار ھەردائىم مىسىردىن پاناھ ئىزدەپ كەلگەن، بۇ خۇداغا ئىشەنمەسلىك گۇناھى بولغان.

**16:29** يەر. 17:4.

**17:29 «يىگىرمە يەتتىنچى يىلى، بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە ... پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە» ــ** ئوقۇرمەنلەر بەلكىم شۇنىڭغا دىققەت قىلغان بولۇشى مۇمكىنكى، مىسىر توغرۇلۇق بۇ بېشارەت يۇقىرىقى بېشارەتلەردىن 17 يىل كېيىن بېرىلگەن. شۇبھىسىزكى، ئۇ مىسىر توغرىسىدىكى بېشارەتلەرنى جەم قىلىپ تولۇق بولسۇن دەپ مۇشۇ يەردە قوشۇلغان.

**18:29 «بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار تۇرغا جەڭ قىلىشتا قوشۇنىنى قاتتىق جاپالىق ئەمگەككە سالدى... بىراق نە ئۇ نە قوشۇنى تۇر بىلەن قارشىلاشقان ئەمگەكتە ھېچقانداق ھەق ئالمىدى» ــ** ئەمەلىيەتتە بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار تۇر شەھىرىنى 13 يىل مۇھاسىرىگە ئالدى! ئۇ ئاخىردا بابىلغا تەسلىم بولدى، بىراق بۇ سۆزگە قارىغاندا نېبوقادنەسار ئۇنىڭدىن ھېچ پايدا كۆرمىگەن.

ئەجىر قىلدى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[21] ــ مەن شۇ كۈندە ئىسرائىل جەمەتى ئۈچۈن بىر مۈڭگۈز ئۆستۈرۈپ
چىقىرىمەن، ۋە سەن ئەزاكىيالنىڭ ئاغزىڭنى ئۇلار ئارىسىدا ئاچىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ
يېتىدۇ.

## مىسىر توغرۇلۇق ئېيتىلغان مەرسىيە

30 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، بېشارەت بېرىپ: ــ رەب پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ «سىلەر داد-پەرياد سېلىپ: «ۋاي شۇ كۈنى!» ــ
دەڭلار!» ــ دېگىن.
[3] چۈنكى كۈن يېقىنلاشتى؛ بەرھەق، پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى، بۇلۇتلار
قاپلانغان كۈن يېقىنلاشتى؛ ئۇ ئەللەرنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان كۈندۇر.
[4] شۇنىڭ بىلەن بىر قىلىچ مىسىر ئۈستىگە چۈشىدۇ؛ ئۆلتۈرۈلگەنلەر
مىسىردا يىقىلغاندا، ئۇنىڭ زور بايلىقلىرى بۇلىنىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ
ئۇللىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە، ئېفىئوپىيەلىكلەر دەرد-ئەلەم تارتىدۇ.
[5] ئېفىئوپىيە، پۇت، لۇد، بارلىق ئەرەبىيە، لىۋىيە ۋە ئەھدە قىلىنغان
زېمىندىكىلەرمۇ مىسىر بىلەن بىللە قىلىچلىنىدۇ.

---

20:29 **«مەن ئۇنىڭغا تۇرغا جەك قىلغانلىقنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن مىسىر زېمىنىنى تەقدىم قىلدىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا مۇشۇ يەردە «تۇرغا» دېگەنلىك «ئۇنىڭغا» دېيىلىدۇ. 18-ئايەتنى كۆرۈڭ.
21:29 **«مەن شۇ كۈندە ئىسرائىل جەمەتى ئۈچۈن بىر مۈڭگۈز ئۆستۈرۈپ چىقىرىمەن»** ــ تەۋراتتا، «مۈڭگۈز»لەر كۆپ ھاللاردا ئادەملەرنىڭ ئابرۇي-شۆھرىتىنى ياكى ھوقۇقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ يەردە قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. «زەبۇر» 132-كۈي، 17-ئايەتنى كۆرۈڭ. بۇ مۈڭگۈزلەر ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆسكەن ئەمەس، ئەلۋەتتە!
3:30 **«پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»** ــ ئادەتتە ئاخىرقى زاماندىكى، ھەر ئەل-مىللەتنى باسقان ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ يەردە «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» بەلكىم ھەم يېقىن ئارىغا بولىدىغان ۋە يىراق كەلگۈسىدە بولىدىغان (ئاخىرقى زاماندىكى) ئىشلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
5:30 **«بارلىق ئەرەبىيە»** ــ ياكى، «ئارىلىشىپ كەتكەن توپ-توپ ئادەملەر». **«لىۋىيە»**

6 رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مىسىرنى قوللايدىغانلار يىقىلىدۇ؛
ئۇنىڭ كۈچىدىن بولغان پەخرى يەرگە چۈشىدۇ؛ مىگدولدىن
سەۋەنگىچە بولغان خەلق قىلىچلىنىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
7 ــ ئۇلار ۋەيران قىلىنغان زېمىنلار ئارىسىدا ۋەيران قىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ
شەھەرلىرى خارابە قىلىنغان شەھەرلەر ئارىسىدا ياتىدۇ. 8 شۇنىڭ
بىلەن، مەن مىسىرغا ئوت سالغىنىمدا، ئۇنىڭ ياردىمىدە بولغانلار
سۇندۇرۇلغاندا، ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ
يېتىدۇ؛ 9 شۇ كۈنى ئەلچىلەر ئېفىئوپىيەنى قورقۇتۇش ئۈچۈن
كېمىلەردە ئولتۇرۇپ مەندىن چىقىدۇ؛ مىسىرنىڭ بېشىغا چۈشكەن
كۈندەك ئۇلارغىمۇ ئازاب-ئوقۇبەت چۈشىدۇ؛ مانا، ئۇ كېلىۋاتىدۇ!
10 رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن يەنە مىسىرنىڭ توپ-
توپ ئادەملىرىنى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ قولى بىلەن
تۈگىتىمەن. 11 ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن خەلقى، يەنى ئەللەرنىڭ
ئارىسىدىكى ئەڭ دەھشەتلىكى زېمىننى ھالاك قىلىشقا ئېلىپ
كېلىنىدۇ؛ ئۇلار مىسىر بىلەن قارشىلىشقا قىلىچلارنى سۇغۇرۇپ،
زېمىننى ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن تولدۇرىدۇ.
12 مەن نىل دەريالىرىنى قۇرۇتىمەن،
ۋە زېمىننى رەزىل ئادەملەرنىڭ قولىغا سېتىۋېتىمەن؛
زېمىن ۋە ئۇنىڭدا تۇرغان ھەممىنى يات ئادەملەرنىڭ قولىدا ۋەيرانە

ــ (ياكى «لىبيا») ئىبرانىي تىلدا «لۇبىيلار». بەزى كۆچۈرمىلەردە «قۇبدىكىلەر» دېيىلىدۇ. ئادەتتە «پۇت» «لىۋىيە»نى كۆرسىتىدۇ. **«ئەھدە قىلىنغان زېمىندىكىلەر»** ــ بەلكىم (خۇدانىڭ يولىيورۇقلىرىغا خىلاپ) مىسىرغا قېچىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («يەر.» 44-بابنى كۆرۈڭ).

**10:30 «مەن يەنە مىسىرنىڭ توپ-توپ ئادەملىرىنى بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ قولى بىلەن تۈگىتىمەن»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «يەنە» بېشارەتنىڭ ھەم يېقىن ئارىنى (نېبوقادنەسار ئارقىلىق) ھەم يىراق كەلگۈسىنى (ئاخىرقى زامانلارنى)مۇ كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

**11:30 «ئۇ نېبوقادنەسار ... ئېلىپ كېلىنىدۇ»** ــ دېمەك، نېبوقادنەسارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كېلىشى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر.

**11:30** ئەز. 7:28

قىلىمەن؛ مەنكى پەرۋەردىگار شۇنداق سۆز قىلغان».
[13] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن نوف شەھىرىدىن بۇتلارنى
يوقىتىمەن، ئويغان مەبۇدلارنىمۇ يوقىتىمەن؛ مىسىر زېمىنىدىن
قايتىدىن شاھزادە بولماس؛ مەن مىسىر زېمىنىنى قورقۇنچقا
چۈشۈرىمەن. [14] مەن پاتروس شەھىرىنى ۋەيرانە قىلىپ، زوئان
شەھىرىدە ئوت سالىمەن، نو شەھىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ
جازالايمەن. [15] مىسىرنىڭ ئىستىھكامى بولغان سىن شەھىرىنىڭ
ئۈستىگە قەھرىمنى تۆكىمەن؛ نو شەھىرىنىڭ توپ-توپ ئادەملىرىنى
قىرىۋېتىمەن.
[16] مەن مىسىردا بىر ئوت سالىمەن؛ سىن ئازابلاردىن تولغىنىپ كېتىدۇ؛
نو شەھىرى بۆسۈلىدۇ، نوف شەھىرى ھەر كۈنى ياۋلارغا يۈزلىنىدۇ.
[17] ئاۋەن ۋە پىبەسەت شەھەرلىرىدىكى يىگىتلەر قىلىچلىنىدۇ؛
بۇ شەھەرلەر سۈرگۈن قىلىنىدۇ. [18] مېنىڭ شۇ يەردە مىسىرنىڭ
بويۇنتۇرۇقلىرىنى سۇندۇرغىنىمدا، تاھپانەس شەھىرىدە كۈن
قاراڭغۇلىشىدۇ؛ ئۇنىڭدا ئۆز كۈچىدىن بولغان پەخرى يوقىلىدۇ؛ بىر
بۇلۇت ئۇنى قاپلايدۇ؛ ئۇنىڭ قىزلىرى سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
[19] مەن شۇنداق قىلىپ مىسىر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايمەن؛
ۋە شۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ».

## پىرەۋۇن توغرۇلۇق يەنە بىر بېشارەت

[20] ئون بىرىنچى يىلى، بىرىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىدە شۇنداق
بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ـــ
[21] ئى ئىنسان ئوغلى، مەن مىسىر پادىشاھى پىرەۋۇننىڭ بىلىكىنى
سۇندۇردۇم؛ ۋە مانا، ئۇ داۋالىنىشقا تېڭىلمىدى، ياكى قىلىچ تۇتۇشقا
تېڭىق بىلەن كۈچەيتىلمىدى.

---

13:30 **«نوف شەھىرى»** ـــ ھازىرقى مەمفىس شەھىرى.
14:30 **«نو شەھىرى»** ـــ ھازىرقى تېبىس شەھىرى.
21:30 **«...مەن مىسىر پادىشاھى پىرەۋۇننىڭ بىلىكىنى سۇندۇردۇم؛ ۋە مانا، ئۇ ... قىلىچ**

[22] ــ شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مانا، مەن مىسىر پادىشاھى
پىرەۋنگە قارشىمەن؛ مەن ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى، ھەم كۈچلۈك بولغىنىنى
ھەم سۇندۇرۇلغان بىلىكىنى ئۇزۇۋېتىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن قىلىچنى
قولىدىن چۈشۈرىمەن؛ [23] مىسىرلىقلارنى ئەللەرگە تارقىتىۋېتىمەن،
مەملىكەتلەر ئارىسىغا تارىتىمەن. [24] مەن بابىل پادىشاھىنىڭ قولىنى
كۈچەيتىپ، قىلىچىمنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزىمەن؛ مەن پىرەۋنىنىڭ
بىلەكلىرىنى سۇندۇرىمەنكى، ئۇ بابىل پادىشاھى ئالدىدا ئەجىلى
توشقان يارىلانغان ئادەمدەك ئاھ-زارلار بىلەن ئىڭرايدۇ.
[25] مەن بابىل پادىشاھىنىڭ بىلەكلىرىنى كۈچەيتىمەن، ۋە پىرەۋنىنىڭ
بىلەكلىرى ساڭگىلاپ قالىدۇ؛ مەن ئۆز قىلىچىمنى بابىل پادىشاھىنىڭ
قولىغا تۇتقۇزغىنىمدا، ئۇ ئۇنى مىسىر زېمىنى ئۈستىگە سوزغىنىدا، ئۇلار
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ؛ [26] ۋە مەن مىسىرلىقلارنى
ئەللەر ئارىسىغا تارقىتىمەن، مەملىكەتلەر ئىچىگە تارىتىمەن؛ ۋە ئۇلار
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ».

## ئاسۇرىيە قانداق بولغان بولسا، مىسىر شۇنداق بولىدۇ

**31** [1] ئون بىرىنچى يىلى، ئۈچىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە
شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق
دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، مىسىر پادىشاھى پىرەۋنگە ۋە ئۇنىڭ توپ-توپ
ئادەملىرىگە مۇنداق دېگىن: ــ ئەمدى سەن بۈيۈكلۈكۈڭدە كىم سەن
بىلەن تەڭ بولالايدۇ؟

**تۇتۇشقا تىگىق بىلەن كۈچەيتىلمىدى»** ــ بۇ بېشارەت بەلكىم «يەر.» 1:37-10 ئايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ. خوفنا پىرەۋنىنىڭ قوشۇنلىرى يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالغان بابىل قوشۇنىغا قارشى جەڭگە چىققاندا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ مىسىرغا چېكىنگەن.
2:31 **«ئەمدى سەن بۈيۈكلۈكۈڭدە كىم سەن بىلەن تەڭ بولالايدۇ؟»** ــ خۇدانىڭ بۇ سوئالى «كىممۇ سەن بىلەن تەڭ تۇرالايدۇ؟» دېگەنگە ئوخشىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە شۇنداق مەنىدە ئەمەس. 3-14-ئايەتلەردىن قارىغاندا، خۇدانىڭ مىسىرغا ئېيتقان سۆزى «سەن ئاسۇرىيەدىن ھېچ بۈيۈك ئەمەسسەن، ئاسۇرىيەگە ئوخشاش يەرنىڭ تېگىگىچە تۆۋەن قىلىنىسەن» دېگەنگە باراۋەر

3 مانا، ئاسۇرىيەمۇ لىۋاندىكى بىر كېدىر دەرىخى ئىدى؛ ئۇنىڭ
ئورمانلىقتا سايە بەرگەن گۈزەل شاخلىرى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئېگىز
بويلۇق ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۇچى بۇلۇتلارغا تاقاشقانىدى؛ 4 سۇلار ئۇنى
يوغان قىلىپ، چوڭقۇر بۇلاقلار ئۇنى ئېگىز قىلىپ ئۆستۈرگەندى؛
ئېرىقلىرى ئۇنىڭ تۈۋىدىن، ئەتراپىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى، ئۇلار ئۆز
ئۆستەڭلىرىنى دالادىكى بارلىق دەرەخلەرگىچە ئەۋەتكەنىدى. 5 شۇنىڭ
بىلەن، ئۇ بىخلانغان ۋاقتىتا، مول سۇلار بىلەن ئېگىزلىكى بارلىق
دەرەخلەردىن ئېگىز بولغان، ئۇنىڭ شاخلىرى كۆپەيگەن ۋە شاخچىلىرى
ئۇزۇن بولغان؛ 6 ئاسماندىكى بارلىق ئۇچار-قاناتلار ئۇنىڭ شاخلىرىدا
ئۇۋۇلىغان، شاخچىلىرى ئاستىدا دالادىكى بارلىق جانىۋارلار باللىغان؛
ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدا بارلىق ئۇلۇغ ئەللەر ياشىغان.
7 شۇنداق بولۇپ ئۇنىڭ شاخلىرى كېڭىيىپ، ئۇ بويۇكلۈكىدە
گۈزەللەشكەن؛ چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزلىرى مول سۇلارغا
يەتكەن. 8 خۇدانىڭ باغچىسىدىكى كېدىر دەرەخلەرمۇ ئۇنى
تۇسالمايتتى؛ قارىغايلار ئۇنىڭ شاخلىرىدەك، چىنار دەرەخلىرى ئۇنىڭ
شاخچىلىرىدەكمۇ كەلمەيتتى؛ خۇدانىڭ باغچىسىدىكى ھېچقانداق
دەرەخ گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. 9 مەن ئۇنى شاخلىرىنىڭ
كۆپلۈكى بىلەن گۈزەل قىلغانمەن؛ خۇدانىڭ باغچىسىدا بولغان بارلىق
دەرەخلەر، يەنى ئېرەمدىكى دەرەخلەر ئۇنىڭدىن ھەسەت قىلغانىدى.
10 شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — چۈنكى ئۇ ئۆزىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇچىنى بۇلۇتلارغا تاقاشتۇرۇپ ئۇزارتقانلىقى،

---

3:31 **«ئاسۇرىيەمۇ لىۋاندىكى بىر كېدىر دەرىخى ئىدى؛ ئۇنىڭ ئورمانلىقتا سايە بەرگەن گۈزەل شاخلىرى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئېگىز بويلۇق ئىدى...»** — ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى بۇ بېشارەتتىن 25 يىل ئىلگىرى، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 612-يىلى بابىل تەرىپىدىن ھالاك بولغان.

**3:31** دان. 7:4

**6:31** دان. 9:4

**8:31** يار. 8:2

ئېگىزلىكىدىن كۆكلىنىڭ تەكەببۇرلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن،
[11] ئەمدى مەن ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇنى ئەللەرنىڭ
ئارىسىدىكى مۇستەبىتنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم؛ مەن ئۇنى رەزىللىكى
تۈپەيلىدىن ھەيدەپ چەتكە قاققانىدىم. [12] يات ئادەملەر، يەنى ئەللەر
ئارىسىدىكى ئەڭ ۋەھشىيلەر ئۇنى كېسىپ تاشلىدى. شاخلىرى
تاغلار ۋە بارلىق جىلغىلارغا يىقىلىپ، ئۇنىڭ شاخچىلىرى زېمىندىكى
بارلىق جىرالارغا سۇندۇرۇلۇپ ياتىدۇ؛ يەر يۈزىدىكى خەلقلەر ئۇنىڭ
سايىسىدىن چىقىپ ئۇنىڭدىن نېرى كەتتى. [13] ئۇنىڭ يىقىلغان غولى
ئۈستىگە ئاسماندىكى بارلىق ئۇچار-قاناتلار قونۇپ ياشايدۇ؛ دالادىكى
بارلىق جانىۋارلار شاخلىرى ئۈستىدە تۇرىدۇ.
[14] بۇنىڭ مەقسىتى، سۇلاردىن سۇغىرىلىدىغان دەرەخلەرنىڭ ھېچبىرى
ئۆزىنى ئېگىز كۆتۈرمىسۇن، ياكى ئۇچىنى بۇلۇتلارغا تاقاشتۇرمىسۇن،
ياخشى سۇغىرىلىدىغان دەرەخلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇنداق ئېگىزلىككە
كۆتۈرۈلمىسۇن ئۈچۈندۇر؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە
بېكىتىلگەن — يەرنىڭ تەگلىرىگە چۈشۈشكە بېكىتىلگەنلەرنىڭ،
ئۆلىدىغان ئادەم بالىلىرىنىڭ، ھاڭغا چۈشىدىغانلارنىڭ قاتارىدىدۇر.
[15] — شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — ئۇ تەھتىساراغا چۈشكەن
كۈندە، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ماتەم تۇتقۇزغانمەن؛ چوڭقۇر سۇلارنى
ئېتىۋېتىپ ئۇنىڭ بۇلاق-ئېرىقلىرىنى توسۇۋەتكەنمەن؛ شۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ ئۇلۇغ سۇلىرى تىزگىنلەنگەن. مەن لىۋاننى ئۇنىڭ ئۈچۈن
قارىلىق كىيگۈزدۇم؛ ئۇنىڭ ئۈچۈن دالادىكى بارلىق دەرەخلەر سولىشىپ

10:31 **«چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇچىنى بۇلۇتلارغا تاقاشتۇرۇپ ئۇزارتقانلىقى، ئېگىزلىكىدىن كۆكلىنىڭ تەكەببۇرلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن، ...»** — ئىبرانىي تىلدا بۇ ئايەتنىڭ شەكلى: «چۈنكى **سەن** ئۆزۈڭنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىڭ تۈپەيلىدىن، ئۇچىنى بۇلۇتلارغا تاقاشتۇرۇپ ئۇزارتقانلىقى، ئېگىزلىكىدىن كۆكلىنىڭ تەكەببۇرلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن...».
—شۇڭا مۇمكىنچىلىكى باركى، ئايەتنىڭ بىرىنچى جۈملىسى (سەن... تۈپەيلىدىن..) مىسىرغا ئېيتىلغان. بىراق جۈملە مۇشۇ ئايەتتە تۈگىمەيدۇ؛ مىسىرنى كۆرسەتكەن بولسا پەقەت 18-ئايەتكە كەلگەندە تۈگىشى كېرەك. 11-18-ئايەتلەر يەنىلا ئاسۇرىيەگە ئېيتىلغان.
**12:31** ئەز. 7:28؛ 11:30

كەتتى. [16] مەن ئۇنى ھاڭغا چۈشىدىغانلار بىلەن بىللە تەھتىساراغا
تاشلىۋەتكىنىمدە، ئۇنىڭ يىقىلغان چاغدىكى ساداسى بىلەن ئەللەرنى
تەۋرىتىۋەتتىم؛ شۇنىڭ بىلەن ئېرەم باغچىسىدىكى بارلىق دەرەخلەر،
لىۋاندىكى سەرخىل ۋە ئەڭ ئېسىل دەرەخلەر، ياخشى سۇغىرىلغان
ھەممە دەرەخلەر يەر تەگلىرىدە تۇرۇپ تەسەللى تاپقان. [17] ئۇنىڭ
سايىسىدە تۇرغانلار ۋە ئەللەر ئارىسىدا ئۇنى قوللايدىغانلار ئۇنىڭ بىلەن
تەڭ تەھتىساراغا، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ يېنىغا چۈشكەن.
[18] قېنى ئېيتە، ئېرەم باغچىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ قايسىسى شان-
شەرەپ ۋە گۈزەللىكتە سەن مىسىرغا تەڭ كېلەلەيتتى؟ بىراق
سەنمۇ ئېرەم باغچىسىدىكى دەرەخلەر بىلەن تەڭ يەر تەگلىرىگە
چۈشۈرۈلىسەن؛ سەن خەتنە قىلىنمىغانلار ئارىسىدا، قىلىچ بىلەن
ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن بىللە ياتىسەن؛ مانا بۇ پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ
توپ-توپ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نېسىۋىسىدۇر، دەيدۇ رەب
پەرۋەردىگار.

---

16:31 **«مەن ئۇنى ھاڭغا چۈشىدىغانلار بىلەن بىللە تەھتىساراغا تاشلىۋەتكىنىمدە... ... ياخشى سۇغىرىلغان ھەممە دەرەخلەر يەر تەگلىرىدە تۇرۇپ تەسەللى تاپقان»** — دېمەك، ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىدىن ئىلگىرى غۇلىغان ئىمپېرىيەلەر ئاسۇرىيەنىڭ غۇلاپ كېتىشىگە قاراپ «بىزدىن ئۈلۈغ بولغان ئىمپېرىيەمۇ دەرۋەقە غۇلىدى» دەپ تەسەللى تاپىدۇ.

**16:31** يەش. 9:14

17:31 **«ئۇنىڭ سايىسىدە تۇرغانلار ... ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تەھتىساراغا، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ يېنىغا چۈشكەن»** — «...قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ يېنىغا چۈشكەن» دېگەنلىكنىڭ مەنىسى بەلكىم شۇكى، رەسمىي دەپنە قىلىنماي تەھتىسارادا پەس دەپ قارالغان، ياكى بولمىسا تەھتىسارادا ئەڭ تۆۋەن جايدا تۇرىدىغان. ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇدا پىرەۋن، مىسىر ۋە قوشۇنلىرىنىڭ رەسمىي دەپنە قىلىنماسلىقى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن رەنجىگەنلىكىنى باشقا ئەللەرگە كۆرسىتىدۇ.

18:31 **«قېنى ئېيتە، ئېرەم باغچىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ قايسىسى شان-شەرەپ ۋە گۈزەللىكتە سەن مىسىرغا تەڭ كېلەلەيتتى؟ .... مانا بۇ پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ توپ-توپ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نېسىۋىسىدۇر»** — بېشارەتنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى جۈملىسى، يەنى 18-ئايەت مىسىر ۋە پادىشاھى پىرەۋنگە ئېيتىلىدۇ. ئىلگىرىكى 2-17-ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەيدۇ؛ مىسىرنىڭ ئاقىۋىتى ئۇلارنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

**18:31** ئەز. 10:28

## مىسىرغا قىلىنغان مەرسىيە

32 [1] ئون ئىككىنچى يىلى، ئون ئىككىنچى ئاينىڭ بىرىنچى
كۈنىدە شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ
مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، مىسىر پادىشاھى پىرەۋن ئۈچۈن بىر مەرسىيەنى
ئاغزىڭغا ئېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: ــ سەن ئۆزۈڭنى
ئەللەر ئارىسىدا بىر شىرغا ئوخشاتقانسەن، بىراق سەن دېڭىز-
ئوكيانلار ئارىسىدىكى بىر ئەجدىھاسەن، خالاس؛ سەن پالاقلىشىپ
ئېرىقلىرىڭنى ئېشىپ تاشتۇرۇپ، سۇلىرىنى ئاياغلىرىڭ بىلەن
چالغىتىپ، دەريالىرىنى لېيىتىپ قويدۇڭ.
[3] ــ ئەمدى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ كۆپ ئەللەرنىڭ توپ-توپ
ئادەملىرى ئالدىدا ئۆز تورۇمنى ئۈستۈڭگە يېيىپ تاشلايمەن؛ ئۇلار
سېنى تورۇمدا تۇتۇپ تارتىشىدۇ. [4] مەن سېنى قۇرۇقلۇقتا قالدۇرۇپ،
دالاغا تاشلايمەن؛ ئاسماندىكى بارلىق ئۇچار-قاناتلارنى ئۈستۈڭگە
قوندۇرۇپ، يەر يۈزىدىكى جانىۋارلارنى سېنىڭدىن تويۇندۇرىمەن؛
[5] گۆشۈڭنى تاغلار ئۈستىگە قويىمەن، جىلغىلارنى پۈتكۈل ئەزايىڭ
بىلەن تولدۇرىمەن؛ [6] مەن قېنىڭنىڭ ئېقىشلىرى بىلەن زېمىننى
ھەتتا تاغلارغىچە سۇغىرىمەن؛ جىرالار سەن بىلەن توشۇپ كېتىدۇ.
[7] نۇرۇڭنى ئۆچۈرگىنىمدە، مەن ئاسمانلارنى توسۇۋېتىمەن، يۇلتۇزلارنى
قارا قىلىمەن؛ قۇياشنى بۇلۇت بىلەن قاپلايمەن، ئاي نۇر بەرمەيدۇ.
[8] ئاسمانلاردىكى بارلىق پارلايدىغان نۇرلارنى ئۈستۈڭدە قارا قىلىپ،

---

2:32 **«سەن ئۆزۈڭنى ئەللەر ئارىسىدا بىر شىرغا ئوخشاتقانسەن، بىراق سەن دېڭىز-ئوكيانلار ئارىسىدىكى بىر ئەجدىھاسەن، خالاس»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن ئەللەر ئارىسىدا بىر شىردەك بولغانىدىڭ، دېڭىز-ئوكيانلار ئارىسىدا ئەجدىھاسەن». «ئەجدىھا» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە يەنە (نىل دەرياسىدا كۆپ تېپىلىدىغان) تىمساھنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**2:32** ئەز. 3:29

**3:32** ئەز. 13:12؛ 20:17

**7:32** يەش. 10:13؛ يو. 31:2، 15:3

زېمىنىڭگە قاراڭغۇلۇقنى قاپلايمەن، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. [9]مەن
ئەللەر ئارىسىغا، يەنى سەن تونۇمىغان مەملىكەتلەر ئارىسىغا سېنىڭ
ھالاكىتىن قالغان ئادەملىرىڭنى ئېلىپ كەتكىنىمدە، كۆپ ئەللەرنىڭ
يۈرىكىنى بىئارام قىلىمەن؛ [10]مەن كۆپ ئەللەرنى سەن بىلەن ئالاقزادە
قىلىمەن، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى ساڭا قاراپ دەھشەتلىك قورقىشىدۇ؛
مەن قىلىچىمنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئويناتقىنىمدا، يەنى سېنىڭ
يىقىلغان كۈنىڭدە ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز جان قايغۇسىدا ھەر دەقىقە
تەۋرىنىدۇ.
[11]— چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — «بابىل پادىشاھىنىڭ
قىلىچى ئۈستۈڭگە چىقىدۇ. [12]پالۋانلارنىڭ قىلىچلىرى بىلەن مەن
سېنىڭ توپ-توپ ئادەملىرىڭنى يىقىتىمەن؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئەللەر ئارىسىدىكى مۇستەبىتلەردۇر؛ ئۇلار مىسىرنىڭ پەخرىنى
يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ توپ-توپ ئادەملىرى قۇرۇتۇۋېتىلىدۇ.
[13]مەن زور سۇلار بويىدىن بارلىق ھايۋانلىرىنىمۇ ھالاك قىلىمەن؛
ئىنسان ئايىغى قايتىدىن ئۇلارنى چالغاتمايدۇ، ھايۋانلارنىڭ
تۇياقلىرى قايتىدىن ئۇلارنى لېيىتمايدۇ. [14]شۇنىڭ بىلەن مەن
ئۇلارنىڭ سۇلىرىنى تىندۇرىمەن؛ ئۇلارنىڭ ئېرىقلىرىنى سۈپسۈزۈك
مايدەك ئاقتۇرىمەن، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. [15]— مەن مىسىر زېمىنىنى
ۋەيرانە قىلغىنىمدا، زېمىن ئۆزىنىڭ بارلىقىدىن مەھرۇم بولغىنىدا،
مەن ئۇنىڭدىكى بارلىق تۇرۇۋاتقانلارنى ئۇرۇۋەتكىنىمدە، ئەمدى ئۇلار
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.
[16]— بۇ بىر مەرسىيە؛ ئۇلار ئۇنى ئوقۇيدۇ — ئەللەرنىڭ قىزلىرى ماتەم

**8:32 «ئاسمانلاردىكى بارلىق پارلايدىغان نۇرلارنى ئۈستۈڭدە قارا قىلىپ، زېمىنىڭگە قاراڭغۇلۇقنى قاپلايمەن، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار»** — يەنە تەكرارلايمىزكى، بۇ بېشارەت بەلكىم ھەم يېقىنقى ۋاقىت (بابىلنىڭ ھۇجۇمى ئارقىلىق)نى ھەم ئاخىرقى زامانلاردىكى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئاخىرقى زامانلاردىمۇ ئەللەرنى قورقۇتىدىغان «يېڭى بابىل» پەيدا بولۇشى مۇمكىن («ۋەھ.» 17-18-بابلارنى كۆرۈڭ).

**12:32** ئەز. 7:28؛ 12:31؛ 2،18:31؛ 16:32

**13:32 «زور سۇلار»** — نىل دەرياسى ۋە ئۇنىڭ دېلتىسىنى كۆرسىتىدۇ.

قىلىپ ئۇنى ئوقۇيدۇ؛ مەرسىيەنى ئۇلار مىسىر ۋە ئۇنىڭ بارلىق توپ-
توپ ئادەملىرىگە ئوقۇيدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## پىرەۋن تەھتىساراغا چۈشىدۇ

[17] ئون ئىككىنچى يىلى، ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە يەنە شۇنداق
بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[18] ئى ئىنسان ئوغلى، مىسىرنىڭ توپ-توپ ئادەملىرى ئۈچۈن ئاھ-
زار چەككىن؛ شۇنىڭدەك ئۇلارنى، يەنى ئۇنى كۈچلۈك ئەللەرنىڭ
قىزلىرى بىلەن بىللە تۆۋەنگە، ھاڭغا چۈشىدىغانلارغا ھەمراھ
بولۇشقا يەر تەگلىرىگە چۈشۈرۈپ تاشلىۋەت؛ [19] گۈزەللىكتە سەن
كىمدىن ئارتۇق ئىدىڭ؟ ئەمدى چۈشۈپ، خەتنە قىلىنمىغان بىلەن
بىللە يات! [20] ئۇلار قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىغا يىقىلىدۇ؛
قىلىچ سۇغۇرۇلدى؛ ئۇ ۋە ئۇنىڭ توپ-توپ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى
سۆرەپ ئاپىرىۋېتىلسۇن! [21] ئەمدى پالۋانلارنىڭ ئارىسىدىكى باتۇر-
ئەزىمەتلەر تەھتىسارانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ مىسىر ۋە ئۇنى
قوللىغانلارغا سۆز قىلىدۇ: ــ«مانا، ئۇلار چۈشتى، ئۇلار جىم ياتىدۇ ــ
خەتنە قىلىنمىغانلار، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر!».
[22] ــ مانا، شۇ يەردىدۇر ئاسۇرىيە ۋە ئۇنىڭ يىغىلغان قوشۇنى؛ ئۇنىڭ
گۆرلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىدۇر؛ مانا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن،
قىلىچلانغان. [23] ئۇلارنىڭ گۆرلىرى چوڭقۇر ھاڭنىڭ تېگىدىدۇر؛ ئۇنىڭ
يىغىلغان قوشۇنى ئۇنىڭ گۆرى ئەتراپىدا تۇرىدۇ؛ ئۇلار تىرىكلەرنىڭ

---

17:32 **«ئون ئىككىنچى يىلى، ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە...»** ــ بەلكىم ئون ئىككىنچى ئايدا، يەنى يۇقىرىقى بېشارەتتىن ئىككى ھەپتە كېيىن: 1-ئايەتنى كۆرۈڭ.

18:32 **«ئى ئىنسان ئوغلى، مىسىرنىڭ توپ-توپ ئادەملىرى ئۈچۈن ئاھ-زار چەككىن؛ شۇنىڭدەك ئۇلارنى، يەنى ئۇنى كۈچلۈك ئەللەرنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە تۆۋەنگە، ھاڭغا چۈشىدىغانلارغا ھەمراھ بولۇشقا يەر تەگلىرىگە چۈشۈرۈپ تاشلىۋەت»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئى ئىنسان ئوغلى، مىسىرنىڭ توپ-توپ ئادەملىرى ئۈچۈن ئاھ-زار چەككىن، سەن ۋە كۈچلۈك ئەللەرنىڭ قىزلىرى ئاھ-زار چېكىڭلار؛ شۇنىڭدەك ئۇلارنى ھاڭغا چۈشىدىغانلارغا ھەمراھ بولۇشقا يەر تەگلىرىگە تاشلىۋەت».

زېمىنىدا ئادەملەرگە ۋەھشەت سالغانلار ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن، قىلىچلانغان.
[24] مانا ئېلام ۋە ئۇنىڭ گۆرىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئۇنىڭ بارلىق توپ-توپ ئادەملىرى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن، قىلىچلانغان، ئۇلار خەتنە قىلىنمىغان پېتى يەر تەگلىرىگە چۈشكەنلەر ــ يەنى تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا ئادەملەرگە ئۆز ۋەھشىتىنى سالغانلار! بىراق ھازىر ئۇلار ھاڭغا چۈشكەنلەر بىلەن بىللە ئىزا-ئاھانەتكە چۆمىدۇ.
[25] كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدا، توپ-توپ ئادەملىرى ئارىسىدا بىر ئورۇن راسلىغان؛ خەلقىنىڭ گۆرلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىدۇر؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلىنمىغانلار، قىلىچلانغانلار؛ شۇڭا ئۇلار ھاڭغا چۈشكەنلەر بىلەن بىللە ئىزا-ئاھانەتكە قالىدۇ؛ ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ ــ گەرچە تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ۋەھشىتى ئادەملەرگە سېلىنغان بولسىمۇ!
[26] مانا شۇ يەردە مەشەك بىلەن تۇبال بارلىق توپ-توپ ئادەملىرى بىلەن تۇرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ گۆرلىرى ئۆز ئەتراپىدىدۇر؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلىنمىغانلار، قىلىچلانغانلار ــ گەرچە ئۇلار تىرىك تۇرۇۋاتقانلارنىڭ زېمىنىدا ئۆز ۋەھشىتىنى ئادەملەرگە سالغان بولسىمۇ! [27] ئۇلار جەڭ قوراللىرى بىلەن تەھتىساراغا چۈشكەن، قىلىچلىرى ئۆز بېشى ئاستىغا قويۇلغان، خەتنە قىلىنماي تۇرۇپ يىقىلغان پالۋانلار ئارىسىدا ياتمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ قەبىھلىكلىرى ئۆز ئۇستىخانلىرى ئۈستىدە بولىدۇ ــ گەرچە ئۇلار تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا باتۇرلارغىمۇ ۋەھشەت سالغان بولسىمۇ!

---

27:32 **«ئۇلار جەڭ قوراللىرى بىلەن تەھتىساراغا چۈشكەن، ... خەتنە قىلىنماي تۇرۇپ يىقىلغان پالۋانلار ئارىسدا ياتمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ قەبىھلىكلىرى ئۆز ئۇستىخانلىرى ئۈستىدە بولىدۇ ــــ گەرچە ئۇلار تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدا باتۇرلارغىمۇ ۋەھشەت سالغان بولسىمۇ!»** ــــ دېمەك، مەشەك ۋە تۇبال دېگەن ئىككى قەبىلىدىكىلەر (ھازىرقى رۇسىيەدىكى «موسكۋا» ۋە «توبولسك» بىلەن مۇناسىۋىتى بار بولۇشى مۇمكىن) جەڭدە قىرىلىپ، باتۇرلاردەك دەپنە قىلىنماي، بەلكى ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇستىخانلىرى ئوچۇق ئاسمان ئاستىدا ياتىدۇ.

28 سەن پىرەۋنمۇ خەتنە قىلىنمىغانلار ئارىسىدا تارمار بولۇپ، قىلىچ
بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدا ياتىسەن.
29 مانا شۇ يەردە ئېدوم، ئۇنىڭ پادىشاھلىرى، بارلىق شاھزادىلىرىمۇ؛
ئۇلار كۈچلۈك بولسىمۇ، قىلىچلانغانلار بىلەن بىللە ياتقۇزۇلىدۇ؛
ئۇلار خەتنە قىلىنمىغانلار ئارىسىدا، ھاڭغا چۈشىدىغانلار بىلەن
بىللە ياتىدۇ.
30 مانا شىمالدىكى شاھزادىلەر، ھەممىسى؛ مانا بارلىق زىدونىدىكىلەر،
ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن بىللە چۈشكەن؛ گەرچە ئۆز كۈچى بىلەن
ۋەھشەت سالغان بولسىمۇ، ئۇلار ھازىر خىجالەتتە قالدى؛ ئۇلار
خەتنە قىلىنمىغان بولۇپ، قىلىچلانغانلار ئارىسىدا يېتىپ، ھاڭغا
چۈشىدىغانلار بىلەن بىللە خىجالەتكە قالىدۇ.
31 پىرەۋن بۇلارنى كۆرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ قىلىچلانغان توپ-
توپ ئادەملىرى توغرۇلۇق، يەنى ئۆزى ۋە قوشۇنى توغرۇلۇق ئۇلاردىن
تەسەللى ئالىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. 32 ــ گەرچە مەن ئۇنىڭ
ۋەھشىتىنى تىرىك تۇرۇۋاتقانلارنىڭ زېمىنىغا سالدۇرغان بولساممۇ،
بىراق ئۇ خەتنە قىلىنمىغانلار ئارىسىغا، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر
ئارىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ، ــ يەنى پىرەۋن ۋە ئۇنىڭ بارلىق توپ-توپ
ئادەملىرى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## يېرۇسالېمنىڭ غۇلىشى
## كۆزەتچىنىڭ ۋەزىپىسى

33 1 ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
2 ئى ئىنسان ئوغلى، ئەل-يۇرتۇڭدىكىلەرگە سۆز يەتكۈزۈپ
ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: ــ مەن قىلىچنى مەلۇم بىر زېمىن ئۈستىگە
چىقارغىنىمدا، زېمىندىكى خەلق ئۆز ئارىسىدىن بىر ئادەمنى
تېپىپ ئۇنى كۆزەتچى بېكىتسە، ــ 3 ئۇ قىلىچنىڭ زېمىن ئۈستىگە
چىققانلىقىنى كۆرۈپ، كاناي چېلىپ خەلقنى ئاگاھلاندۇرسا،

[4]كىمدىكىم كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاگاھنى ئالمىسا، قىلىچ كېلىپ
ئۇنى ئېلىپ كەتسە، ئەمدى ئۇنىڭ قېنى ئۆز بېشى ئۈستىگە بولىدۇ.
[5]ئۇ كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاگاھنى ئالمىغان؛ شۇڭا ئۇنىڭ قېنى
ئۆزىگە بولىدۇ؛ ئۇ ئاگاھ ئالغان بولسا، جېنىنى قۇتقۇزغان بولاتتى.
[6]بىراق كۆزەتچى قىلىچنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كاناي چالماي،
خەلقنى ئاگاھلاندۇرمىسا، ئەمدى قىلىچ كېلىپ ئۇلار ئارىسىدىن
بىراۋنى ئېلىپ كەتسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز قەبىھلىكىدە ئېلىپ كېتىلىدۇ؛
بىراق ئۇنىڭ قېنى ئۈچۈن مەن كۆزەتچىدىن ھېساب ئالىمەن.
[7]ئەمدى، ئى ئىنسان ئوغلى، مەن سېنى ئىسرائىل جەمەتى ئۈچۈن
كۆزەتچى دەپ بېكىتكەنمەن؛ سەن مېنىڭ ئاغزىمدىن خەۋەر ئاڭلاپ،
ئۇلارغا مەندىن ئاگاھ يەتكۈزىسەن. [8]مەن رەزىل ئادەمگە: «ئى
رەزىل ئادەم، سەن چوقۇم ئۆلىسەن» دېسەم، ۋە ئۆزۈڭ بۇ رەزىلنى
يولىدىن ياندۇرۇشقا سۆز قىلماي ئۇنى ئاگاھلاندۇرمىساڭ، ئۇ
رەزىل ئۆز قەبىھلىكىدە ئۆلىدۇ؛ بىراق ئۇنىڭ قېنى ئۈچۈن سەندىن
ھېساب ئالىمەن. [9]بىراق سەن رەزىلنى يولىدىن يېنىش توغرۇلۇق
ئاگاھلاندۇرساڭ، ئۇ يولىدىن يانمىسا، ئۇ ئۆز قەبىھلىكىدە ئۆلىدۇ؛
بىراق ئۆزۈڭ ئۆز جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قالىسەن.
[10]ئەمدى سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىل جەمەتىگە سۆز قىلىپ:
ــ سىلەر: «بىزنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرىمىز ۋە گۇناھلىرىمىز
بېشىمىزدىدۇر، بىز ئۇلار بىلەن زەئىپلىشىپ كېتىۋاتىمىز؛ ئەمدى

**7:33** ئەز. 1:3

**8:33 «ئى رەزىل ئادەم، سەن چوقۇم ئۆلىسەن»** ــ بۇ ئاگاھ پەقەت جىسمانىي جەھەتتىلا كۆرسەتمەيدۇ، دەپ قارايمىز. ھەربىر ئادەم ئىلگىرى-كېيىن (ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھىنىڭ سەۋەبىدىن) ئۆلىدۇ. مۇشۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئۆلۈش خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن، بەرىكەتلىرىدىن ئايرىلىشتىن ئىبارەت دەپ قارايمىز (11-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

بىز قانداقمۇ ھاياتقا ئېرىشىمىز؟» دەيسىلەر. 11 ئۇلارغا سۆزۈمنى
يەتكۈزۈپ: «مەن ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ رەب
پەرۋەردىگار، ــ مەن رەزىل ئادەمنىڭ ئۆلۈمىدىن ھېچ خۇرسەنلىكىم
يوقتۇر؛ پەقەت ئۇلارنى رەزىل يولىدىن يېنىپ ھاياتقا ئېرىشسۇن
دەيمەن؛ رەزىل يوللىرىڭلاردىن يېنىڭلار، يېنىڭلار! نېمىشقا ئۆلگۈڭلار
كېلىدۇ، ئى ئىسرائىل جەمەتى؟!» ــ دېگىن.
12 ۋە سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، ئەل-يۇرتۇڭدىكىلەرگە مۇنداق دېگىن:
ــ ھەققانىي ئادەمنىڭ ھەققانىيلىقى ئاسىيلىق قىلغان كۈنىدە ئۇنى
قۇتقۇزمايدۇ؛ ھەم رەزىل ئادەم بولسا، ئۇ ئۆز رەزىللىكىدىن يانغان
كۈنىدە رەزىللىكىدىن يىقىلمايدۇ؛ ھەققانىي ئادەم گۇناھ سادىر قىلغان
كۈنىدە، ئۇ ئەسلىدىكى ھەققانىيلىقى بىلەن ھاياتتا تۇرىۋەرمەيدۇ.
13 مەن ھەققانىيغا: «سەن بەرھەق ھاياتقا ئېرىشىسەن» دېگىنىمدە، ئۇ
ئۆز ھەققانىيلىقىغا تايىنىپ قەبىھلىك سادىر قىلسا، ئەمدى ئۇنىڭ
ھەققانىي ئىشلىرىدىن ھېچقايسىسى ئەسلەنمەيدۇ؛ ئەكسىچە ئۇ
ئۆتكۈزگەن قەبىھلىكى تۈپەيلىدىن ئۆلىدۇ.
14 ئەمدى مەن رەزىلگە: «سەن چوقۇم ئۆلىسەن» دېسەم، بىراق
ئۇ گۇناھىدىن يېنىپ، كۆز ئالدىمدا ئادالەت ۋە ھەققانىيلىقنى
يۈرگۈزسە ــ 15 رەزىل ئادەم قەرزگە كاپالەتكە ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ

---

**10:33 «ئەمدى بىز قانداقمۇ ھاياتقا ئېرىشىمىز؟»** ــ ياكى «ئەمدى قانداق ياشايمىز؟».
—بۇ ئايەتلەردە «ھەققانىيلىق» (ئىنساننىڭ ھەققانىيلىقى) ئادەمنىڭ ئۆزلىكىدىن چىقمايدۇ، بەلكى ئادەمنىڭ خۇدانىڭ ئۆزىگە تايانغانلىقىنىڭ بىر مېۋىسى، دەپ ئىسپاتلىنىدۇ. «ھەققانىي ئادەم» «ئۆز ھەققانىيلىقى»غا تايانسا (دېمەك، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇداغا ئەمەس، ئۆزىگە بولسا) تۈگىشىدۇ.

**10:33** ئەز. 23:24

**11:33** ئەز. 23:18، 32

**12:33** ئەز. 24:18

**13:33 «ئەكسىچە ئۇ ئۆتكۈزگەن قەبىھلىكى تۈپەيلىدىن ئۆلىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئەكسىچە ئۇ ئۆتكۈزگەن قەبىھلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭدا ئۆلىدۇ».
—بۇ ئايەتلەردە «ھەققانىيلىق» (ئىنساننىڭ ھەققانىيلىقى) ئادەمنىڭ ئۆزلىكىدىن چىقمايدۇ، بەلكى ئادەمنىڭ خۇدانىڭ ئۆزىگە تايانغانلىقىنىڭ بىر مېۋىسى، دەپ ئىسپاتلىنىدۇ. «ھەققانىي ئادەم» «ئۆز ھەققانىيلىقى»غا تايانسا (دېمەك، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇداغا ئەمەس، ئۆزىگە بولسا) تۈگىشىدۇ.

بەرسە، ــ بۇلاڭچىلىقتا ئالغاننى قايتۇرۇپ بەرسە ــ قەبىھلىك سادىر
قىلماي، ھايات بەلگىلىمىلىرىدە ماڭسا ــ ئەمدى ئۇ بەرھەق ھاياتقا
ئىگە بولىدۇ، ئۇ ئۆلمەيدۇ. [16] ئۇنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرىدىن
ھېچقايسىسى ئەسلەنمەيدۇ؛ ئۇ ئادالەت ۋە ھەققانىيلىقنى يۈرگۈزگەن
ــ ئۇ بەرھەق ھاياتقا ئىگە بولىدۇ.
[17] بىراق ئەل-يۇرتۇڭدىكىلەر: «رەببىنىڭ يولى ھەممىگە باراۋەر ئەمەس»
دەيدۇ؛ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يولى بولسا ھەممىگە باراۋەر ئەمەس.
[18] ھەققانىي ئادەم ئۆز ھەققانىيلىقىدىن يېنىپ، قەبىھلىكنى سادىر
قىلسا، ئۇ بۇنىڭدا ئۆلىدۇ. [19] رەزىل ئادەم ئۆز رەزىللىكىدىن يېنىپ،
ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق يۈرگۈزسە، بۇ ئىشلاردىن ھاياتقا ئىگە بولىدۇ.
[20] لېكىن سىلەر: «رەببىنىڭ يولى ھەممىگە باراۋەر ئەمەس» دەيسىلەر؛
ئى ئىسرائىل جەمەتى، مەن ھەرقايسىڭلارغا ئۆز يوللىرىڭلار بويىچە
ئۈستۈڭلارغا ھۆكۈم چىقىرىمەن!
[21] ۋە شۇنداق بولدىكى، سۈرگۈن بولغان ئون ئىككىنچى يىلى، ئونىنچى
ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىدە، يېرۇسالېمدىن قاچقان بىرسى يېنىمغا
كېلىپ: «شەھەر بۆسۈلدى!» ــ دېدى.

---

**17:33** ئەز. 25:18، 29؛ 20:33

**20:33 «ئى ئىسرائىل جەمەتى، مەن ھەرقايسىڭلارغا ئۆز يوللىرىڭلار بويىچە ئۈستۈڭلارغا ھۆكۈم چىقىرىمەن!»** ــ بۇ مۇھىم بابتىكى 1-20 ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

— 21:33-1:32دىكى بېشارەتلەر 29-31بابلاردىكى مىسىر توغرۇلۇق بېشارەتلەردىن خېلى بۇرۇن بېرىلگەن. لېكىن بېشارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مىسىر توغرۇلۇق بولغاچقا، بۇرۇن بېرىلگەن بېشارەتلەرمۇ 29-31-بابلاردىكى بېشارەتلەرگە ئۇلاپ بايان قىلىنغان.

**21:33 «سۈرگۈن بولغان ئون ئىككىنچى يىلى، ئونىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى...»** ــ بۇ ۋاقىت شەھەرنىڭ ئىشغال بولغىنىدىن 18 ئاي كېيىنكى ۋاقىت بولۇشى مۇمكىن. يېرۇسالېمدىن بابىلغا ماڭىدىغان يول ئادەتتە 4 ئايلىق بولاتتى («ئەزرا 9:7»نى كۆرۈڭ). تېكىستنىڭ بەزى كۆچۈرمىلىرىدە «ئون بىرىنچى يىل» دېيىلىدۇ؛ بىراق بىر قىسىم ئالىملار «ئون ئىككىنچى يىل» دېيىش توغرا دەپ قارايدۇ؛ چۈنكى يەنە ئىمكانىيەت باركى، ئىسرائىل ۋە بابىل پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان كالېندارنى ئىشلەتكەن. بىز بۇ پىكىرگە مايىلمىز.

**21:33** 2پاد. 25؛ ئەز. 26:24

22 ئەمدى قاچقان ئادەمنىڭ يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمىدا
پەرۋەردىگارنىڭ قولى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا قونغانىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئاغزىمنى ئېچىپ قويدى؛ ئاغزىم ئېچىلىپ، مەن يەنە گاچا بولمىدىم.

## ئىسرائىل زېمىندا قالغانلار توغرۇلۇق بېشارەت

23 ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
24 ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىل زېمىنىدىكى خارابە جايلاردا
تۇرۇۋاتقانلار: «ئىبراھىم پەقەت بىر ئادەم تۇرۇپمۇ بۇ زېمىنغا مىراس
بولغانىدى؛ بىراق بىز كۆپ ئادەممىز؛ ئەمدى زېمىن بەرىبىر بىزگە
تەقدىم قىلىنىدى» ــ دەپ ئېيتىۋاتىدۇ.
25 شۇڭا ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەر گۆشنى قان بىلەن يەيسىلەر؛ سىلەر ئۆز مەبۇدلىرىڭلارنى
باش كۆتۈرۈپ ئىزدەيسىلەر؛ سىلەر قان تۆكۈۋاتىسىلەر؛ ئەمدى سىلەر
زېمىنغا مىراس بولامسىلەر؟ 26 سىلەر قىلىچىڭلارغا تايىنىسىلەر،
سىلەر يىرگىنچلىك ئىشلارنى چىقىرىسىلەر، ھەربىرىڭلار ئۆز
قوشنىسىنىڭ ئايالىغا بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. ئەمدى سىلەر زېمىنغا
مىراس بولامسىلەر؟»».
27 ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: مەن ھاياتىم
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بەرھەق، خارابە جايلاردا تۇرۇۋاتقانلار
قىلىچلىنىپ يىقىلىدۇ؛ دالادا قالغاننى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ

---

22:33 **«ئەمدى قاچقان ئادەمنىڭ يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمىدا پەرۋەردىگارنىڭ قولى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا قونغانىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاغزىمنى ئېچىپ قويدى؛ ئاغزىم ئېچىلىپ، مەن يەنە گاچا بولمىدىم»** ــ بۇ گاچىلىق تەخمىنەن ئالتە يىل ئىلگىرى باشلانغان (3:26-ئايەتنى ئىزاھتى بىلەن ۋە 24:32-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).
24:33 **«ئىبراھىم پەقەت بىر ئادەم تۇرۇپمۇ بۇ زېمىنغا مىراس بولغانىدى؛ بىراق بىز كۆپ ئادەممىز؛ ئەمدى زېمىن بەرىبىر بىزگە تەقدىم قىلىنىدى»** ــ بابىلدىكىلەر قانائاندا (پەلەستىندە) تۇرغان يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆلتۈرگەن ياكى سۈرگۈن قىلغانىدى. زېمىندا قالدۇرۇلغان ئاز قىسىم ئادەملەر (تېخى ھېچ توۋا قىلمىغان) تەكەببۇرلىشىپ شۇنداق سۆز قىلىدۇ.
**25:33** يار. 4:9؛ لاۋ. 17:3

يەۋېتىشكە تاپشۇرىمەن؛ ئىستىھكاملار ۋە غارلاردا تۇرغانلارمۇ ۋابا كېسىلىدىن ئۆلىدۇ. [28] مەن زېمىننى ۋەيرانە ۋە چۆل-باياۋان قىلىمەن؛ ئۇنىڭ كۆچىدىن بولغان پەخرى يوقىلىدۇ؛ ئىسرائىلىنىڭ تاغلىرى ۋەيرانە بولىدۇكى، ئۇلاردىن ئۆتكۈچى ھېچبىر ئادەم بولمايدۇ. [29] ئۇلارنىڭ يۈرگۈزگەن يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن مەن زېمىننى ۋەيرانە ۋە چۆل-باياۋان قىلغىنىمدا ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.

## ئەزاكىيال پەيغەمبەر ھەققەتەن قارشى ئېلىندىمۇ؟

[30] ــ ئەمدى سەن بولساڭ، ئى ئىنسان ئوغلى، ئەل-يۇرتۇڭدىكىلەر ھەردائىم سېنى ئاغزىغا ئېلىپ ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىنىڭ يېنىدا ۋە دەرۋازىلاردا سۆزلەپ بىر-بىرىگە ھەم ھەربىرى ئۆز قېرىندىشىغا سەن توغرۇلۇق: «قېنى بېرىپ، پەرۋەردىگاردىن نېمە سۆز باركىن، ئاڭلاپ كېلەيلى!» ــ دەيدۇ.
[31] ئۇلار جامائەت سۈپىتىدە يېنىڭغا كېلىپ، مېنىڭ خەلقىمنىڭ سۈپىتىدە ئالدىڭدا ئولتۇرىدۇ؛ ئۇلار سۆزلىرىڭنى ئاڭلايدۇ، بىراق ئۇلارغا ئەمەل قىلمايدۇ؛ ئۇلار ئاغزى بىلەن ساختا مۇھەببەت كۆرسىتىدۇ، بىراق كۆڭلى ھارام مەنپەئەتكە تارتىدۇ؛ [32] مانا، سەن ئۇلار ئۈچۈن پەقەت يېقىملىق ئاۋاز بىلەن،سازلىرى ئوبدان تەڭشىلىپ ئېيتىلغان مۇھەببەت ناخشىسىسەن، خالاس؛ ئۇلار سۆزلىرىڭنى ئاڭلايدۇ، بىراق ئۇلارغا ئەمەل قىلمايدۇ. [33] ئەمدى بۇنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنىدا (ئۇ بەرھەق ئەمەلگە

---

28:33 **«مەن زېمىننى ۋەيرانە ۋە چۆل-باياۋان قىلىمەن»** ــ ياكى «مەن زېمىننى ۋەيرانە ۋە (ئادەمنى قورقۇتقۇچى) بىر ۋەھشەت قىلىمەن».
31:33 **«ئۇلار ئاغزى بىلەن ساختا مۇھەببەت كۆرسىتىدۇ، بىراق كۆڭلى ھارام مەنپەئەتكە تارتىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاغزىدا ئېيتقان شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ، كۆڭلى ھارام مەنپەئەتكە تارتىدۇ».
**31:33** ئەز. 3-1:14؛ 3-1:20

ئاشۇرۇلدۇ!) ئۇلار بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

## ئۆتمۈشتىكى ۋاپاسىز پادىچى-باققۇچىلار ۋە كېلەچەكتە بولىدىغان «ياخشى پادىچى»

34 [1] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ [2] ئى ئىنسان ئوغلى، بېشارەت بېرىپ ئىسرائىلنى باققۇچى پادىچىلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگىن: ــ پادىچىلارغا مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئۆزلىرىنىلا بېقىۋاتقان ئىسرائىلنىڭ پادىچىلىرىنىڭ ھالىغا ۋاي! پادىچىلارنىڭ پادىسىنى ئوزۇقلاندۇرۇش كېرەك ئەمەسمۇ؟ [3] سىلەر يېغىنى ئۆزۈڭلار يەيسىلەر، يۇڭىنى ئۆزۈڭلار كىيىسىلەر؛ بورداقلىغان ئېسىل مالنى سويىسىلەر؛ لېكىن قويلارنى باقمايسىلەر. [4] ئاجىزلارنى كۈچەيتمىدىڭلار، كېسەللەرنى ساقايتمىدىڭلار، زەخىملەنگەنلەرنى تېڭىپ قويمىدىڭلار، تارقىلىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ ئەكەلمىدىڭلار، ئېزىپ كەتكەنلەرنى ئىزدەپ بارمىدىڭلار؛ ئەكسىچە سىلەر زورلۇق-زومبۇلۇق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەنسىلەر.
[5] ئۇلار پادىچىسىز بولۇپ تارقىلىپ كەتتى؛ ئۇلار تارقىلىپ كېتىپ دالادىكى بارلىق ھايۋانلارغا ئوزۇق بولۇپ كەتتى. [6] مېنىڭ قويلىرىم بارلىق تاغلار ئارىسىدىن، ھەر يۇقىرى ئېگىزلىك ئۈستىدە تېنەپ

---

33:33 «ئەمدى بۇنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنىدا ... ئۇلار بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ» ــ شۈبھىسىزكى، يېرۇسالېمدىن قاچقان ئادەم كېلىپ شەھەرنىڭ خەۋىرىنى ئېيتىشى بىلەن، خەلق ئەزاكىيالنى ئۇلۇغ پەيغەمبەر دەپ بىلىپ يەتتى. ئەپسۇس، ئۇلار ئەزاكىيالنىڭ سۆزلىرىنى پەقەت قۇلاق تۇۋىدىلا ئاڭلاپ، ئۇزۇل-كېسىل توۋا قىلمىغان. شۇڭا 24-29-ئايەتتە ئالدىن ئېيتىلغان بالايىئاپەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلۈشى كېرەك.
2:34 يەر. 1:23
4:34 1پېت. 3:5

كەتتى؛ مېنىڭ قويلىرىم پۈتكۈل يەر يۈزىگە تارقىپ كەتتى، بىراق
ئۇلارنى تېپىشقا تىرىشقۇچى ياكى ئىزدىگۈچى يوق ئىدى.
[7] شۇڭا، ئى پادىچىلار، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار: ــ
[8] مەن ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار،
ــ قويلىرىمنىڭ پادىچىسى بولمىغاچقا، ئۇلار ئوۋ بولۇپ قالدى،
دالادىكى ھەربىر ھايۋانغا ئوزۇق بولدى؛ چۈنكى مېنىڭ پادىچىلىرىم
ئۆز پادامنى ئىزدىمەيدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى باقىدۇ، مېنىڭ
قويلىرىمنى باقمايدۇ. [9] ــ شۇڭا، ئى پادىچىلار، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاڭلار!
[10] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن پادىچىلارغا قارشىمەن؛
مەن ئۆز قويلىرىمنىڭ ھېسابىنى ئۇلاردىن ئالىمەن، ۋە ئۇلارنى
پادىنى بېقىشتىن توختىتىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن پادىچىلار ئۆزلىرىنىمۇ
باقمايدۇ؛ ۋە مەن قويلىرىمنى ئۇلارغا يەنە ئوزۇق بولمىسۇن ئۈچۈن
ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇلدۇرىمەن.
[11] چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئۆزۈم ئۆز
قويلىرىمنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ ھالىنى سورايمەن؛ [12] پادىچى ئۆزىنىڭ
قويلىرى ئارىسىدا، تاراپ كەتكەن قويلارنى تېپىپ باققاندەك، مەنمۇ
قويلىرىمنى ئىزدەپ باقىمەن؛ ئۇلار بۇلۇتلۇق قاراڭغۇ كۈندە تارىلىپ
كەتكەن ھەربىر جايلاردىن مەن ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرىمەن.
[13] مەن ئۇلارنى خەلقلەردىن ئېپكېلىمەن، ئۇلارنى مەملىكەتلەردىن
يىغىمەن، ئۆز زېمىنىغا ئاپىرىمەن؛ مەن ئۇلارنى ئىسرائىل تاغلىرى
ئۈستىدە، ئېرىق-ئۆستەڭلەر بويىدا ۋە زېمىندىكى بارلىق تۇرالغۇ
جايلاردا باقىمەن؛ [14] مەن ئۇلارنى ئېسىل چىمەنزاردا باقىمەن؛
ئىسرائىل تاغلىرى ئۇلارنىڭ يايلىقى بولىدۇ؛ ئۇلار شۇ يەردە ئوبدان
يايلاقتا ياتىدۇ؛ ئىسرائىل تاغلىرى ئۈستىدە، مۇنبەت چىمەنزاردا
ئوزۇقلىنىدۇ. [15] مەن ئۆزۈم ئۆز پادامنى باقىمەن، ئۇلارنى ياتقۇزىمەن،

**13:34** ئەز. 25:28

ـ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. [16]ـ مەن يولدىن تېنەپ كەتكەنلەرنى
ئىزدەيمەن، تارقىلىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرىمەن؛ زەخىملەنگەنلەرنى
تېڭىپ قويىمەن، ئاجىزلارنى كۈچەيتىمەن؛ بىراق سەمرىگەنلەر ۋە
كۈچلۈكلەرنى يوقىتىمەن؛ پادامنى ئادالەت بىلەن باقىمەن.
[17] ئەمدى سىلەرگە كەلسەم، ئى مېنىڭ پادام، رەب پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ مانا، مەن قوي ۋە قوي ئارىسىدا، قوچقارلار ۋە تېكىلەر
ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىمەن. [18] ئەمدى سىلەرنىڭ ياخشى چىمەنزارنى
يېگىنىڭلار ئازلىق قىلىپ، چىمەندىكى قالغان ئوت-چۆپلەرنى
ئاياغلىرىڭلار بىلەن چەيلىۋېتىشىڭلار كېرەكمۇ؟ سىلەر سۈپسۈزۈك
سۇلاردىن ئىچكەندىن كېيىن، قالغىنىنى ئاياغلىرىڭلار بىلەن
لېيىتىۋېتىشىڭلار كېرەكمۇ؟ [19] شۇڭا مېنىڭ قويلىرىمغا سىلەرنىڭ
ئاياغلىرىڭلار چەيلىۋەتكەننى يېيىشتىن، ئاياغلىرىڭلار دەسسەپ
لېيىتىۋېتكەننى ئىچىشتىن باشقا ئامال يوق.
[20] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا مەن، مەن ئۆزۈم
سەمرىگەن قويلار ۋە ئورۇق قويلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىمەن. [21] چۈنكى
سىلەر مۈرە-يانپاشلىرىڭلار بىلەن ئىتتىرىپ، مۈڭگۈزلىرىڭلار بىلەن
ئۇلارنى تەرەپ-تەرەپكە تارقىتىۋەتكۈچە ئۈسسىلەر، [22]ـ مەن ئۇلارنى
يەنە ئوۋ ئوبيېكتى بولمىسۇن دەپ ئۆز پادامنى قۇتقۇزىمەن؛ ۋە مەن
قوي ۋە قوي ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىمەن. [23] مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
بىر پادىچىنى تىكلەيمەن، ئۇ ئۇلارنى باقىدۇ؛ ئۇ بولسا مېنىڭ
قۇلۇم داۋۇت؛ ئۇ ئۇلارنى بېقىپ، ئۇلارغا پادىچى بولىدۇ؛ [24] ۋە مەنكى
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن، مېنىڭ قۇلۇم داۋۇت ئۇلار

---

17:34 **«ئەمدى سىلەرگە كەلسەم، ئى مېنىڭ پادام، ... ــ مانا، مەن قوي ۋە قوي ئارىسىدا، قوچقارلار ۋە تېكىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىمەن»** ــ ئەزاكىيال «پادىچىلار»نى، يەنى ئىسرائىل پادىشاھلىرى، كاھىنلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئەيىبلەپ چىقتى. ئۇ ھازىر خەلق ئارىسىدىكى ئاجىز-نامراتلارنى بوزەك قىلىپ كەلگەن بايلار ۋە مەنسەپدارلار (سەمرىگەن ۋە كۈچلۈك قويلار)نى ئەيىبلەشكە باشلايدۇ.

**23:34** يەش. 40:11؛ 1:42؛ 10:50؛ 13:52؛ 11:53؛ يەر. 30:9؛ يۇھ. 11:10

ئارىسىدا ئەمىر بولىدۇ؛ مەنكى پەرۋەردىگار شۇنداق سۆز قىلدىم.
25 مەن ئۇلار بىلەن ئامان-خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان ئەھدىنى
تۈزۈپ، يىرتقۇچ هايۋانلارنى زېمىندىن تۈگىتىمەن؛ ئۇلار بىخەتەر بولۇپ
جاڭگالدا تۇرىدۇ، ئورمانلىقلاردا قونۇپ ئۇخلايدۇ. 26 مەن ئۇلارنى ھەم
ئېگىزلىكىم ئەتراپىدىكى جايلارنى بەرىكەتلىك قىلىمەن؛ يامغۇر-
يېغىنلارنى ئۆز پەسلىدە ياغدۇرىمەن؛ بۇلار بەرىكەتلىك يامغۇرلار
بولىدۇ.
27 دالادىكى دەرەخلەر مېۋىلىرىنى، تۇپراق ئۈندۈرمىلىرىنى بېرىدۇ؛
ئۇلار ئۆز زېمىنىدا بىخەتەر تۇرىدۇ؛ مەن ئۇلارنىڭ بويۇنتۇرۇق-
ئاسارەتلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنى قۇللۇقتا تۇتقانلارنىڭ قولىدىن
قۇتۇلدۇرغىنىمدا، ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ
يېتىدۇ. 28 ئۇلار يەنە ئەللەرگە ئوۋ بولمايدۇ، يەر يۈزىدىكى هايۋانلار
يەنە ئۇلارنى يەۋەتمەيدۇ؛ ئۇلار بىخەتەر تۇرىدۇ، ھېچكىم ئۇلارنى
قورقاتمايدۇ. 29 مەن ئۇلار ئۈچۈن داڭقى چىققان ئالاھىدە بىر بوستانلىق
جاينى تەمىنلەيمەن؛ ئۇلار قايتىدىن زېمىندا ئاچارچىلىقتا يىگىلەپ
قالمايدۇ، ياكى قايتىدىن ئەللەرنىڭ مازاق ئوبيېكتى بولمايدۇ.
30 ئاندىن ئۇلار مەنكى پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە
بولىدىغانلىقىمنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ، يەنى ئىسرائىل جەمەتىنىڭ
مېنىڭ خەلقىم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ، ــ دەيدۇ رەب

---

**24:34 «مەنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن، مېنىڭ قۇلۇم داۋۇت ئۇلار ئارىسىدا ئەمىر بولىدۇ»** ــ 11-ئايەتتە پەرۋەردىگار: «ئۆزۈم قويلىرىمغا پادىچى بولىمەن» دەپ ۋەدە قىلىدۇ. مۇشۇ ئايەتلەردە ئۇ «قۇلۇم داۋۇت»نى ئۇلارغا پادىچى بولۇشقا تىكلەيمەن، دەيدۇ. داۋۇتتىن ئۇلۇغ، داۋۇتنىڭ ئوغلى بولغان مەسىھدە خۇدانىڭ بۇ ئىككى ۋەدىسى تەڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ھەم ئاشۇرۇلىدۇ. «يۇھ.» 10-باب، جۈملىدىن مەسىھنىڭ «مەن ئۆزۈم ياخشى پادىچىدۇرمەن» دېگەن سۆزىنى كۆرۈڭ.

**24:34** يەش. 4:55

**26:34 «مەن ئۇلارنى ھەم ئېگىزلىكىم ئەتراپىدىكى جايلارنى بەرىكەتلىك قىلىمەن»** ــ «ئېگىزلىكىم» (ياكى «دۆڭلۈكۈم») زىئون تېغىنى كۆرسىتىدۇ.

**29:34** ئەز. 36:6-38

پەرۋەردىگار. [31] — ئەمدى سىلەر بولساڭلار، ئى مېنىڭ قويلىرىم،
مېنىڭ چىمەنزارىمدىكى قويلىرىم، ئىنسانلاردۇرسىلەر، خالاس؛ مەن
بولسام سىلەرنىڭ خۇدايىڭلاردۇرمەن» — دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## ئېدوم، يەنى سېئىر توغرۇلۇق بېشارەت

35 [1] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: —
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، يۈزۈڭنى سېئىر تېغىغا قارىتىپ، بېشارەت
بېرىپ ئۇنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگىن: —
[3] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — مانا، ئى سېئىر تېغى، مەن ساڭا
قارشىمەن؛ مەن قولۇمنى ئۈستۈڭگە ئۇزارتىپ، سېنى بىر ۋەيرانە ۋە
چۆل-باياۋان قىلىمەن. [4] مەن شەھەرلىرىڭنى خارابە قىلىۋېتىمەن، ۋە
سەن ۋەيرانە بولىسەن؛ ئاندىن سەن مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
تونۇپ يېتىسەن. [5] چۈنكى سەن مەڭگۈگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ
كەلگەنسەن، ئىسرائىللارنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشكەن كۈنىدە،
قەبىھلىكىنىڭ جازالىنىش ۋاقتى-سائىتى توشقاندا، ئۇلارنى قىلىچ
كۈچىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىڭ تۈپەيلىدىن، [6] شۇڭا مەن ھاياتىم
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، — دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، — مەن ساڭا قان
تۆكۈلۈشنى بېكىتتىم؛ قان سېنى قوغلايدۇ. سەن قان تۆكۈشتىن
نەپرەتلەنمىگەنلىكىڭ تۈپەيلىدىن، ئەمدى قان سېنى قوغلاپ
يۈرىدۇ. [7] مەن سېئىر تېغىنى ۋەيرانە ۋە چۆل-باياۋان قىلىپ، ئۇنىڭدىن
بېسىپ ئۆتكۈچى ھەم ئۇنىڭغا قايتقۇچىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن. [8] مەن

---

**31:34** يۇھ. 11:10

**2:35 «يۈزۈڭنى سېئىر تېغىغا قارىتىپ، بېشارەت بېرىپ ئۇنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگىن: —»** — «سېئىر» ئېدومنىڭ باشقا بىر ئىسمى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بەلكىم باركى، ياقۇپ ۋە ئېدوم ئۇكا-ئاكا بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولغان. گەرچە ئېدوم ياقۇپنى كەچۈرۈم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان ئېدومىيلار ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىلغا كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن.

**5:35** ئەز. 15:25

ئۇنىڭ تاغلىرىنى ئۆلتۈرۈلگەنلىرى بىلەن تولدۇرىمەن؛ سېنىڭ
ئېگىزلىكلىرىڭدە، سېنىڭ جىلغىلىرىڭدا، سېنىڭ بارلىق
جىرالىرىڭدا قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر يىقىلىدۇ. [9] مەن سېنى
مەڭگۈگە ۋەيرانە قىلىمەن؛ سېنىڭ شەھەرلىرىڭ ئادەمزاتسىز بولىدۇ؛
ۋە سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىسىلەر.
[10] — چۈنكى سەن: «بۇ ئىككى ئەل، ئىككى مەملىكەت مېنىڭكى
بولىدۇ، بىز ئۇلارغا ئىگە بولىمىز» دېگىنىڭ تۈپەيلىدىن — گەرچە
مەن پەرۋەردىگار شۇ يەردە بولغان بولسامۇ —، [11] ئەمدى مەن هاياتىم
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، — دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، — مەن سېنىڭ
نەپرىتىڭدىن چىققان ئاچچىقلىقىڭ بويىچە ۋە ھەسەتلىكىڭ بويىچە ساڭا
مۇئامىلە قىلىمەن؛ مەن ئۇستۇڭگە ھۆكۈم چىقىرىپ جازالىشىم
بىلەن، مەن ئۇلار ئارىسىدا ئۆزۈمنى كۆرسىتىمەن.
[12] شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئىسرائىل تاغلىرىغا قاراپ: «ئۇلار ۋەيران
بولدى، ئۇلار بىزگە يەم بولۇشقا تەقدىم قىلىندى» دېگەن بارلىق
هاقارەتلىرىڭنى مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئاڭلىغىنىمنى سەنلەر تونۇپ
يېتىسىلەر. [13] ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغزىڭلاردا سىلەر ماڭا قارشى چىقىپ
ئۆزۈڭلارنى چوڭ كۆرسىتىپ، ماڭا كۆپۈرلۈق قىلغان سۆزۈڭلەرنى
كۆپەيتكەنسىلەر؛ مەن ئۇلارنى ئاڭلىدىم. [14] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: — پۈتكۈل يەر يۈزى شادلىنىپ كەتكىنىدە، مەن سېنى
ۋەيرانە قىلىمەن.
[15] ئىسرائىل جەمەتىنىڭ مىراسى ۋەيران قىلىنغاندا بۇنىڭدىن سەن
شادلانغىنىڭدەك، مەنمۇ ساڭا شۇنداق قىلىمەن؛ سەنمۇ، ئى سېئىر
تېغى ۋە بارلىق ئېدوم — سىلەرنىڭ بارلىقىڭلار ۋەيرانە بولىدۇ؛ ۋە
ئېدومىيلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.

---

10:35 **«بۇ ئىككى ئەل، ئىككى مەملىكەت مېنىڭكى بولىدۇ»** — «ئىككى ئەل، ئىككى مەملىكەت» يەھۇدا ۋە ئىسرائىل (شىمالىي پادىشاھلىق)نى كۆرسىتىدۇ.

**10:35** زەب. 12:83.

## خۇدا ئۆزىنىڭ نامى ئۈچۈن ئىسرائىلنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ

**36**
1 ئەمدى سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىل تاغلىرىغا
بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگىن: ــ ئىسرائىل تاغلىرى،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار: ــ
2 رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ دۈشمەننىڭ سىلەرگە قاراپ: «ۋاھ!
مەڭگۈ يۇقىرى جايلار بىزگە تەئەللۇق بولدى!» دېگىنى تۈپەيلىدىن،
3 شۇڭا بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ بەرھەق، چۈنكى ئۇلار سىلەرنى ۋەيرانە قىلىپ، ئەللەردىن
قالغانلىرىغا تەۋە قىلىشقا ھەرياندىن سىلەرنى ئەزگەنلىكى
تۈپەيلىدىن، ۋە سىلەر ئەللەر ئارىسىدا سۆز-چۆچەك ۋە تۆھمەت
ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقىڭلاردىن،
4 ئەمدى شۇڭا، ئى ئىسرائىل
تاغلىرى، رەب پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار: ــ رەب پەرۋەردىگار
ئەللەردىن قالغانلىرىغا ئولجا ھەم مازاق ئوبيېكتى بولۇپ قالغان
تاغلار، ئېگىزلىكلەر، جىرالار ۋە جىلغىلارغا، ۋەيران بولغان خارابىلەر
ۋە تاشلىۋېتىلگەن شەھەرلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ــ
5 شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ خۇشال بولۇشۇپ قەلبىدىكى
پۈتۈن ئۆچمەنلىكى بىلەن مېنىڭ زېمىنىمنى ئۆزلىرىگە تەئەللۇق
بولۇشقا بېكىتىپ، ئۇنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋالايلى دېگەن ئەللەردىن
قالغانلىرىغا ۋە ئېدومدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە بەرھەق، مەن ئۆز
خەلقىمگە بولغان قىزغىنلىقىمدىن چىققان ئاچچىق ئوتىدا سۆز
قىلدىم: ــ

---

**1:36** ئەز. 2:6

**2:36** ئەز. 10:35

3:36 **«چۈنكى ئۇلار سىلەرنى ۋەيرانە قىلىپ، ئەللەردىن قالغانلىرىغا تەۋە قىلىشقا ھەرياندىن سىلەرنى ئەزگەنلىكى تۈپەيلىدىن،...»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۇلار» ۋە «(يات) ئەللەردىن قالغانلار» بەلكىم (1) «بابىل» ۋە «باشقا ئەللەر»نى كۆرسىتىدۇ؛ (2) ئاخىرقى زاماندىكى «دەججال ۋە ئۇنىڭغا بېقىنغان ئەللەر»نى ۋە ئۇلاردىن «باشقا ئەللەر»نى كۆرسىتىدۇ. بابىل ئىسرائىلنى ئىشغال قىلىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندىن كېيىن ئاساسەن ئۇنى تاشلاپ كەتتى؛ ئەتراپىدىكى ئەللەر قالغان خەلقنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى تېخىمۇ كۆپرەك بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى.

[6] ئىسرائىل زېمىنى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىپ، تاغلار، ئېگىزلىكلەر،
جىرالار ۋە جىلغىلارغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئۆز خەلقىمگە بولغان قىزغىنلىقىمدىن
قەھرىم بىلەن سۆز قىلدىم ــ چۈنكى سىلەر ئەللەرنىڭ مازاق-
ئاھانەتلىرىنى يېگەنسىلەر.
[7] ــ شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ
شۇنداق قەسەم ئىچكەنكى، بەرھەق، ئەتراپىڭلاردىكى ئەللەر ئۆزىنىڭ
مازاق-ئاھانەتلىرىنى ئۆزى ئىشتىدۇ. [8] لېكىن سىلەر، ئى ئىسرائىل
تاغلىرى، شاخلىنىسىلەر، خەلقىم ئىسرائىلغا مېۋە بېرىسىلەر؛
چۈنكى ئۇلار پات ئارىدا قايتىپ كېلىدۇ.
[9] چۈنكى مانا، مەن سىلەر تەرىپىڭلاردىدۇرمەن؛ مەن سىلەرگە قارايمەن،
سىلەر يۇمشىتىلىسىلەر ھەم تېرىلىسىلەر. [10] ۋە مەن ئۈستۈڭلاردا
ئادەملەرنى، يەنى ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى، ئۇلارنىڭ بارلىقىنى
كۆپەيتىمەن؛ شەھەرلەر ئاھالىلىك بولىدۇ، خارابىلەر قايتىدىن قۇرۇلىدۇ.
[11] مەن ئۈستۈڭلاردا ئادەم ھەم ھايۋانلارنى كۆپەيتىمەن، ئۇلار ئاۋۇپ نەسىل
كۆرىدۇ؛ مەن ئۆتكەن زامانلاردىكىدەك سىلەرنى ئولتۇراقلىق قىلىمەن؛
بەرھەق، ھالىڭلارنى ئەسلىدىكىدىن ئەۋزەل قىلىمەن؛ سىلەر مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىلەر.
[12] مەن ئۈستۈڭلارغا ئادەملەرنى، يەنى خەلقىم ئىسرائىلنى ماڭدۇرىمەن؛
ئۇلار سىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ مىراسى
بولىسىلەر؛ سىلەر يەنە ئۇلارنى بالىلىرىدىن جۇدا قىلمايسىلەر.
[13] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ چۈنكى ئۇلارنىڭ سىلەرگە: «سىلەر
ئادەملەرنى يەيسىلەر، ئۆز ئېلىڭلارنى بالىلاردىن جۇدا قىلغانسىلەر!»
دېگىنى تۈپەيلىدىن، [14] ئەمدى سىلەر يەنە ئادەملەرنى يېمەيسىلەر،
ئۆز ئېلىڭلارنى بالىلىرىدىن يەنە جۇدا قىلمايسىلەر، دەيدۇ رەب
پەرۋەردىگار.

---

**6:36** ئەز. 29:34

[15] ــ مەن سىلەرگە يەنە ئەللەرنىڭ مازاق-ئاھانەتلىرىنى ئاڭلاتقۇزمايمەن؛
سىلەر ئەللەرنىڭ تاپا-تەنىسىنى يەنە كۆتۈرمەيسىلەر، سىلەر ئۆز
ئېلىڭلارنى قايتىدىن يىقىتمايسىلەر، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[16] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[17] ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىل جەمەتى ئۆز زېمىنىدا تۇرغان چاغلاردا،
ئۇلار ئۆز يولى ھەم قىلمىشلىرى بىلەن ئۇنى بۇلغىغان؛ مېنىڭ
ئالدىمدا ئۇلارنىڭ يولى ئاي كۆرگەن ئايالنىڭ ناپاكلىقىغا ئوخشاش.
[18] شۇڭا زېمىنغا تۆككەن قان ئۈچۈن، زېمىننى مەبۇدلىرى بىلەن
بۇلغىغانلىقى ئۈچۈن، مەن قەھرىمنى ئۇلار ئۈستىگە تۆكتۇم؛ [19] مەن
ئۇلارنى ئەللەر ئارىسىغا تارقىتىۋەتتىم، ئۇلار مەملىكەتلەر ئىچىگە
تارىلىپ كەتتى؛ مەن ئۇلارنىڭ يوللىرى ھەم قىلمىشلىرى بويىچە
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقاردىم.
[20] ئۇلار بارىدىغان ھەرقايسى ئەللەرگە كەلگەندە، ئۇلار توغرىسىدا:
«بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى، بىراق ئۇلار ئۇنىڭ زېمىنىدىن چىققان!»
ــ دېيىلگەندە، ئۇلار يەنىلا مېنىڭ پاك-مۇقەددەس نامىمنى بۇلغىغان؛
[21] بىراق مەن ئىسرائىل جەمەتى بارغان ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا
بۇلغانغان پاك-مۇقەددەس نامىم ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلدۇم. [22] شۇڭا
ئىسرائىل جەمەتىگە مۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ مەن بۇ ئىشنى سىلەرنى دەپ ئەمەس، ئى ئىسرائىل جەمەتى، بەلكى
سىلەر بارغان ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا سىلەر بۇلغىغان ئۆز پاك-
مۇقەددەس نامىم ئۈچۈن قىلىمەن. [23] مەن ئەللەر ئارىسىدا بۇلغانغان،
ئۆزۈمنىڭ بۈيۈك نامىمنى پاك-مۇقەددەس دەپ كۆرسىتىمەن؛ نامىمنى
دەل سىلەر ئۇلار ئارىسىدا بۇلغىغان؛ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مەن ئۆزۈمنى
سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا پاك-مۇقەددەس كۆرسەتكىنىمدە، ئەللەر مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.
[24] مەن سىلەرنى ئەللەر ئارىسىدىن ئېلىپ، مەملىكەتلەر ئىچىدىن

**20:36** يەش. 5:52؛ رىم. 24:2

يىغىپ، سىلەرنى ئۆز زېمىنىڭلارغا قايتۇرىمەن.
25 — مەن سۈپسۈزۈك سۇنى ئۈستۈڭلارغا چاچىمەن، بۇنىڭ بىلەن
سىلەر پاك بولىسىلەر. سىلەرنى ھەممە پاسكىنىلىقىڭلاردىن ۋە
بۇتلىرىڭلاردىن پاكلايمەن. 26 مەن سىلەرگە يېڭى قەلب بېرىمەن،
ئىچىڭلارغا يېڭى بىر روھ سالىمەن؛ تېنىڭلاردىكى تاش يۈرەكنى
ئېلىپ تاشلاپ، مېھرلىك بىر قەلبنى ئاتا قىلىمەن. 27 مېنىڭ
روھىمنى ئىچىڭلارغا كىرگۈزۈپ، سىلەرنى ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە
ماڭغۇزىمەن، ھۆكۈملىرىمنى تۇتقۇزىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەمەل
قىلىسىلەر؛ 28 سىلەر مەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا تەقدىم قىلغان زېمىندا
ياشايسىلەر؛ مېنىڭ قوۋمىم بولىسىلەر، مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار
بولىمەن. 29 مەن سىلەرنى بارلىق پاسكىنىچىلىكتىن قۇتقۇزىمەن؛ مەن
بۇغداينى ئاۋۇن بولۇشقا بۇيرۇيمەن؛ ئۈستۈڭلارغا ھېچ ئاچارچىلىقنى
قويمايمەن؛ 30 مەن دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى ۋە ئېتىزدىكى
مەھسۇلاتلارنى ئاۋۇتىمەنكى، سىلەر ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن ئەللەر
ئارىسىدا شەرمەندە بولمايسىلەر. 31 سىلەر رەزىل يوللىرىڭلار ۋە ناچار
قىلمىشلىرىڭلارنى ئەسلەپ، قەبىھلىكلىرىڭلار ۋە يىرگىنچلىك
قىلغانلىرىڭلار ئۈچۈن ئۆز-ئۆزۈڭلاردىن يىرگىنىسىلەر. 32 سىلەرگە
مەلۇم بولسۇنكى، بۇ ئىشنى قىلىشىم سىلەر ئۈچۈن ئەمەس ، — دەيدۇ
رەب پەرۋەردىگار، — ئۆز يوللىرىڭلار ئۈچۈن خىجىل بولۇپ شەرمەندە
بولۇڭلار، ئى ئىسرائىل جەمەتى.
33 — رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — مەن قەبىھلىكىڭلاردىن
پاكلىغان كۈندە، مەن شەھەرلەرنى ئاھالىلىك قىلىمەن، خارابە

26:36 **«...مېھرلىك بىر قەلبنى ئاتا قىلىمەن»** — ئىبارنىي تىلدا بۇ سۆز «...گۆش يۈرەكنى ئاتا قىلىمەن» دېيىلگەن.

**26:36** يەر. 32:39؛ ئەز. 11:19

**29:36** ئەز. 34:29

**31:36** ئەز. 6:9؛ 20:43؛ 16:63،61

32:36 **«بۇ ئىشنى قىلىشىم سىلەر ئۈچۈن ئەمەس،...»** — دېمەك، بۇ ئىشنى خۇدا ئۆزى ئۈچۈن قىلىدۇ.

قالغان جايلارمۇ قايتىدىن قۇرۇلىدۇ. [34] ۋەيران قىلىنغان زېمىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان ھەربىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ۋەيرانە كۆرۈنسىمۇ، ئۇ قايتىدىن
تېرىلىدۇ. [35] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «بۇ ۋەيران قىلىنغان زېمىن خۇددى
ئېرەم باغچىسىدەك بولدى؛ خارابە، ۋەيران قىلىنغان شەھەرلەر ھازىر
مۇستەھكەملەندى، ئاھالىلىك بولدى» ــ دەيدۇ.
[36] ۋە ئەتراپىدا قالغان ئەللەر مەنكى پەرۋەردىگارنىڭ بۇزۇلغان جايلارنى
قۇرغۇچى ھەم ۋەيرانە قىلىنغان يەرلەرنى قايتىدىن تېرىغۇچى
ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىدۇ؛ مەنكى پەرۋەردىگار سۆز قىلدىم،
بۇنىڭغا ئەمەل قىلىمەن.
[37] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مەن يەنىلا ئىسرائىلنىڭ
جەمەتىنىڭ بۇ ئىشلارنى تىلەيدىغان دۇئا-تىلاۋەتلىرىگە ئىجابەت
قىلغۇچى بولىمەن؛ مەن قوي پادىسىدەك ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى
ئاۋۇتىمەن؛ [38] مۇقەددەس دەپ ئايرىلغان قۇربانلىق قوي پادىسىدەك،
بېكىتىلگەن ھېيت-بايراملىرىغا بېغىشلانغان قوي پادىسى
يېرۇسالېمغا تولدۇرۇلغاندەك، خارابە بولغان شەھەرلەر قايتىدىن ئادەم
پادىلىرى بىلەن تولدۇرۇلىدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلىپ يېتىدۇ.

## قۇرۇق سۆڭەكلەرگە تولغان جىلغا ــ ئىسرائىلنىڭ تىرىلىشى

37 [1] پەرۋەردىگارنىڭ قولى ۋۇجۇدۇمغا قوندى؛ پەرۋەردىگار مېنى
روھى بىلەن كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
تۇرغۇزدى؛ ئۇ يەر سۆڭەكلەرگە تولدى. [2] ئۇ مېنى سۆڭەكلەر ئەتراپىدىن

**35:36** يەش. 3:51؛ ئەز. 13:28

**36:36** ئەز. 24:17؛ 14:22؛ 14:37

**1:37 «پەرۋەردىگار مېنى روھى بىلەن كۆتۈرۈپ چىقىپ،..»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «پەرۋەردىگار مېنى روھ بىلەن كۆتۈرۈپ چىقىپ،...». دېمەك، پەرۋەردىگار ئۆز روھى بىلەن پەيغەمبەرنى كۆتۈردى.

ئۆياق-بۇياققا ئۆتكۈزدى؛ مانا، بۇ ئوچۇق جىلغىدا سۆڭەكلەر ئىنتايىن
نۇرغۇن ئىدى؛ ۋە مانا، ئۇلار ئىنتايىن قۇرۇپ كەتكەنىدى.
[3] ئۇ مەندىن: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، بۇ سۆڭەكلەر قايتىدىن ياشنامدۇ؟
ــ دەپ سورىدى. مەن: ــ ئى رەب پەرۋەردىگار، سەن بىلىسەن، ــ دېدىم.
[4] ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ئى ئىنسان ئوغلى، بۇ سۆڭەكلەر ئۈستىگە
بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگىن: «ئى قۇرۇق سۆڭەكلەر، پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزىنى ئاڭلاڭلار! [5] رەب پەرۋەردىگار بۇ سۆڭەكلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ــ
مانا، مەن سىلەرگە بىر روھ-نەپەس كىرگۈزىمەن، ۋە سىلەر هايات بولى
سىلەر. [6] مەن ئۈستۈڭلارغا پەي-سىڭىرلەرنى سالىمەن، سىلەرنى تېرە
بىلەن ياپىمەن، سىلەرگە روھ-نەپەس كىرگۈزىمەن؛ ۋە سىلەر مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىلەر».
[7] شۇڭا مەن بۇيرۇلغىنى بويىچە بېشارەت بەردىم؛ مەن بېشارەت
بېرىشىمگە، بىر شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى، مانا جالاق-جۇلاق بىر ئاۋاز
ئاڭلاندى، سۆڭەكلەر جىپسىلىشىپ، بىر-بىرىگە قوشۇلدى.
[8] مەن كۆردۈم، مانا، پەي-سىڭىرلەر ۋە ئەت ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ
ئۇلارنى قاپلىدى؛ بىراق ئۇلاردا هېچ روھ-نەپەس بولمىدى.
[9] ئۇ ماڭا: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، روھ-نەپەسكە بېشارەت بېرىپ مۇنداق
دېگىن: «رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: تۆت تەرەپتىن شامال
كەلگەيسىلەر، ئى روھ-نەپەس، ۋە مۇشۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەر تىرىلسۇن
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پۈۋلەڭلەر» ــ دېدى.
[10] شۇڭا مەن بۇيرۇلغاندەك بېشارەت بېرىۋىدىم، روھ-نەپەس ئۇلارغا
كىردى-دە، ئۇلار هايات بولۇپ تىك تۇردى ــ بۇيۇك بىر قوشۇنغا

---

5:37 **«مەن سىلەرگە بىر روھ-نەپەس كىرگۈزىمەن، ۋە سىلەر هايات بولىسىلەر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «روھ» ۋە «نەپەس» بىر سۆز.

9:37 **«روھ-نەپەسكە بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگىن: «رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: تۆت تەرەپتىن شامال كەلگەيسىلەر، ئى روھ-نەپەس،...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «روھ» (ياكى «روھ-نەپەس») ۋە «شامال» بىر سۆز.

ــ«تۆت تەرەپتىن شامال كەلگەيسىلەر» ئىبرانىي تىلىدا «تۆت تەرەپتىكى شامالدىن كەيلگەيسىلەر...»

ئايلاندى.

[11] ۋە ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، بۇ سۆڭەكلەر بولسا ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن جەمەتىدۇر. مانا، ئۇلار: «بىزنىڭ سۆڭەكلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى، ئۈمىدىمىز ئۈزۈلدى؛ بىز تۈگەشتۇق!» ــ دەيدۇ.

[12] شۇڭا بېشارەت بېرىپ ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: «رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن گۆرۈڭلەرنى ئېچىپ، سىلەرنى گۆرۈڭلەردىن چىقىرىمەن، ئى مېنىڭ خەلقىم، سىلەرنى ئىسرائىل زېمىنىغا ئېلىپ كىرىمەن؛ [13] مەن گۆرۈڭلەرنى ئاچقىنىمدا، سىلەرنى گۆرۈڭلەردىن چىقارغىنىمدا، ئى مېنىڭ خەلقىم، سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىلەر. [14] ۋە مەن ئۆز روھىمنى سىلەرگە كىرگۈزىمەن، سىلەر ھايات بولىسىلەر؛ ۋە مەن سىلەرنى ئۆز زېمىنىڭلاردا تۇرغۇزىمەن؛ سىلەر مەنكى پەرۋەردىگارنى شۇنداق سۆزنى قىلىپ، شۇنى ئادا قىلدى، دەپ بىلىپ يېتىسىلەر».

## ئىككى تاياقنىڭ بىر بولۇشى توغرۇلۇق بېشارەت

[15] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ

[16] ئى ئىنسان ئوغلى، بىر تاياقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «يەھۇدا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولغان ئىسرائىللار ئۈچۈن» دەپ يازغىن؛ يەنە بىر تاياقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «يۈسۈپ، يەنى ئەفرائىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولغان پۈتۈن ئىسرائىل جەمەتىدىكىلەر ئۈچۈن» دەپ يازغىن؛ [17] ۋە ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ قوي؛ ئۇلار قولۇڭدا بىر بولىدۇ.

[18] خەلقىمدىكىلەر سەندىن: «بۇ ئىشلار بىلەن نېمىنى چۈشەندۈر-مەكچى بىزگە دەپ بەرمەمسەن؟» دەپ سورىسا، [19] ئۇلارغا: ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مانا، مەن ئەفرائىمنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ قولى تۇتقان يۈسۈپنىڭ تايىقىنى ئېلىپ، ئۇنى يەھۇدانىڭ تايىقىغا قوشۇپ ئۇلاپ، ئۇلارنى بىرلا تاياق قىلىمەن؛ ئۇلار مېنىڭ قولۇمدا بىر تاياق بولىدۇ».

[20] سەن يازغان تاياقلارنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قولۇڭدا تۇتۇپ ئۇلارغا
شۇنداق دېگىن: ــ
[21] رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ مانا، مەن ئىسرائىل باللىرىنى
بارغان ئەللەر ئارىسىدىن ئېلىپ، ئۇلارنى ھەرياندىن يىغىپ ئۆز
زېمىنىغا ئېپكېلىمەن. [22] مەن ئۇلارنى ئىسرائىل تاغلىرىنىڭ
ئۈستىدە بىر ئەل قىلىمەن؛ بىر پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە
پادىشاھ بولىدۇ؛ ئۇلار قايتىدىن ئىككى ئەل بولمايدۇ، ياكى قايتىدىن
ئىككى پادىشاھلىققا ھېچ بۆلۈنمەيدۇ. [23] ئۇلار ئۆزلىرىنى قايتىدىن
ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى، لەنەتلىك ئىشلىرى ياكى ئاسىيلىقلىرىنىڭ
ھېچقايسىسى بىلەن ھېچ بۇلغىمايدۇ؛ مەن ئۇلارنى گۇناھ ئۆتكۈزگەن
ئولتۇراقلاشقان جايلىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى پاكلاندۇرىمەن؛ ئۇلار
مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن. [24] ۋە مېنىڭ
قۇلۇم داۋۇت ئۇلارغا پادىشاھ بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلا
پادىچىسى بولىدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ ھۆكۈملىرىمدە مېڭىپ، مېنىڭ
بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇپ ئۇلارغا ئەمەل قىلىدۇ. [25] ئۇلار مېنىڭ قۇلۇم
ياقۇپقا تەقدىم قىلغان، ئاتا-بوۋىلىرىڭلار تۇرۇپ كەلگەن زېمىندا
تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئۇنىڭدا تۇرىدۇ ــ ئۇلار، ئۇلارنىڭ باللىرى، ۋە باللارنىڭ
باللىرى مەڭگۈ تۇرىدۇ ــ مېنىڭ قۇلۇم داۋۇت ئۇلارنىڭ شاھزادىسى
بولىدۇ. [26] مەن ئۇلار بىلەن ئامان-خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان
بىر ئەھدە تۈزىمەن؛ بۇ ئۇلار بىلەن مەڭگۈلۈك بىر ئەھدە بولىدۇ؛
مەن ئۇلارنى جايىدا ماكانلاشتۇرۇپ ئاۋۇتىمەن؛ ۋە مېنىڭ مۇقەددەس

---

**22:37** يۇھ. 16:10

**24:37** يەش. 11:40؛ يەر. 9:30؛ ئەز. 23:34

**25:37 «مېنىڭ قۇلۇم داۋۇت ئۇلارنىڭ شاھزادىسى بولىدۇ»** ــ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىدە ئىككى مۇمكىنچىلىك بار: ــ (1) خۇدا داۋۇت پادىشاھنى تىرىلدۈرۈپ ئۇلارغا پادىشاھ سۈپىتىدە تىكلەيدۇ. (2) مۇشۇ سۆزلەر داۋۇتنىڭ ئەۋلادى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسىتىدۇ (34-بابنى كۆرۈڭ). بىزنىڭچە ھەر ئىككىسى توغرىدۇر. شۇ چاغدا خۇدانىڭ سەلتەنتى يەر يۈزىگە كەلگەندە، داۋۇت پەيغەمبەر يەر يۈزىدە تۇرۇپ، ئىسرائىل ۋە ئالەمنىڭ ھەقىقىي پادىشاھى ۋە پادىچىسى بولغان مەسىھكە ۋەكىل بولۇپ ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولۇشى مۇمكىن.

جايىمنى ئۇلار ئارىسىغا مەڭگۈگە تىكلەيمەن. [27] مېنىڭ تۇرالغۇ جايىم
ئۇلاردا بولىدۇ؛ مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن، ئۇلار مېنىڭ خەلقىم
بولىدۇ. [28] مېنىڭ پاك-مۇقەددەس جايىم ئۇلار ئارىسىدا مەڭگۈگە
تىكلەنگەندە، ئەمدى ئەللەر ئۆزۈم پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلنى پاك-
مۇقەددەس قىلغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىدۇ.

## ئاخىرقى زامانلار ـ «گوگ»نى ئەيىبلەيدىغان بېشارەت

38 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ئى ئىنسان ئوغلى، يۈزۈڭنى ماگوگ زېمىنىدىكى روش، مەشەك
ۋە تۇبالنىڭ ئەمىرى گوگقا قارىتىپ ئۇنى ئەيىبلەپ بېشارەت بېرىپ
شۇنداق دېگىن: ــ
[3] رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: «مانا، ئى گوگ، ــ روش، مەشەك ۋە
تۇبالنىڭ ئەمىرى، مەن ساڭا قارشىمەن؛ [4] مەن سېنى ئارقاڭغا ياندۇرۇپ،
ئېڭىكىڭگە ئىلمەكلەرنى سېلىپ، سەن ۋە پۈتۈن قوشۇنۇڭنى ــ
ئاتلار ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى، ھەممىسى تولۇق قوراللانغان، سىپار-
قالقانلارنى كۆتۈرگەن، قىلىچ تۇتقان توپ-توپ كىشىلەرنى جەڭگە
چىقىرىمەن؛ [5] پارس، ئېفىئوپىيە ۋە پۇت، ھەممىسى قالقان-دۇبۇلغا

---

**26:37** زەب. 89:3-4؛ ئەز. 25:34؛ 2كور. 16:6

27:37 **«مېنىڭ تۇرالغۇ جايىم ئۇلاردا بولىدۇ؛ مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن، ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ»** ــ مۇشۇ بېشارەت 40ـ48-بابلاردا تەپسىلىي ھالدا ئېچىلىدۇ.

**27:37** ئەز. 20:11؛ 11:14

2:38 **«يۈزۈڭنى ماگوگ زېمىنىدىكى روش، مەشەك ۋە تۇبالنىڭ ئەمىرى گوگقا قارىتىپ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «يۈزۈڭنى ماگوگ زېمىنىدىن بولغان مەشەك ۋە تۇبالنىڭ كاتتىۋاش شاھزادىسى بولغان گوگقا قارىتىپ...». مەشەك ۋە تۇبال شۇ دەۋرلەردە ھازىرقى تۈركىيەدە تۇرغان ئىككى قەبىلە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى رۇسىيەدىكى «موسكۋا» ۋە «توبولسك» بىلەن مۇناسىۋىتى بار بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار «روش»نى ھازىرقى «رۇسىيە» بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ قارايدۇ

**2:38** ۋەھ. 8:20

**4:38** ئەز. 4:29؛ 2:39

بىلەن قوراللىنىدۇ 6ــ گومېر ۋە ئۇنىڭ بارلىق توپ-توپ ئادەملىرى،
شىمالنىڭ ئەڭ قەرىدىن كەلگەن توگارماھ جەمەتى ۋە ئۇنىڭ بارلىق
توپ-توپ ئادەملىرى، بۇ كۆپ ئەللەر ساڭا ھەمراھ بولۇپ بىللە
بولىدۇ. 7ئۆزۈڭنى تەييارلا؛ سەن ۋە ساڭا يىغىلغان بارلىق توپ-توپ
ئادەملىرىڭ تەييارلانغان پېتىدا بول؛ سەن ئۇلارغا نازارەتچىلىك
قىلىسەن.

8كۆپ كۈنلەردىن كېيىن سەن جەڭگە چاقىرىلىسەن؛ سەن ئاخىرقى
يىللاردا قىلىچتىن قۇتقۇزۇلغان، كۆپ ئەللەردىن يىغىلغان خەلقنىڭ
زېمىنىغا، يەنى ئۇزۇندىن بېرى ۋەيران قېلىنىپ كەلگەن ئىسرائىل
تاغلىرىغا ھۇجۇم قىلىسەن؛ ئۇنىڭ خەلقى ئەللەردىن يىغىلغان
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئامان-ئېسەن تۇرۇۋېرىدۇ؛ 9سەن، بارلىق
توپ ئادەملىرىڭ ۋە ساڭا ھەمراھ بولغان نۇرغۇن ئەللەر بىلەن بىللە
ئالغا بېسىپ، بوران-چاپقۇندەك كېلىسەن؛ سەن يەر يۈزىنى قاپلىغان
بۇلۇتتەك بولىسەن.

10ــ رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى،
كۆڭلۈڭگە باشقىچە خىياللار كىرىپ، سەن رەزىل ھىيلە-نەيرەڭنى
ئويلاپ چىقىسەن؛ 11سەن: «مەن سېپىلسىز يېزا-كەنتلەر جايلاشقان
زېمىنغا بېسىپ كىرىمەن؛ مەن ئامان-ئېسەن تۇرۇۋاتقان بىر خەلققە
يېقىنلىشىمەن ــ ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېپىلسىز، تاقاقسىز ۋە
دەرۋازىسىز تۇرۇۋاتىدۇ»، دەيسەن، ــ 12«شۇنىڭ بىلەن ئولجىلارنى
ئېلىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىمەن؛ قولۇمنى ئەسلىدە ۋەيران بولۇپ
ئەمدىلىكتە ماكانلىق بولغان جايلارغا، ئەللەردىن يىغىلغان، مال-

**5:38 «پۇت»** ــ ھازىرقى «لۇبىيە» («لىبيا»).

**6:38 «گومېر»** ــ بەزى ئالىملار «گومېر»نى ھازىرقى «گېرمانىيە» بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ قارايدۇ. «توگارماھ»نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىر نېمە دېيىش تەس، بىراق پەلەستىن ياكى بابىلغا نىسبەتەن «شىمالىي ئەڭ قەرى» بولغان جاي سىبىرىيەدۇر.

**7:38 «سەن ئۇلارغا نازارەتچىلىك قىلىسەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن ئۇلارغا مۇھاپىزەتچى بولىسەن».

**9:38** ئەز. 18:30

دۇنياغا ئىگە بولغان، دۇنيانىڭ كىندىكىدە ياشاۋاتقان خەلققە قارشى
قىلىمەن».
13 شۇ تاپتا شېبا، دېدان، تارشىشتىكى سودىگەرلەر بارلىق ياش
شىرلىرى بىلەن سەندىن: «سەن ئولجا ئېلىشقا كەلدىڭمۇ؟ سەن توپ-
توپ ئادەملىرىڭنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا ــ ئالتۇن-كۈمۈشنى
ئېلىپ كېتىشكە، مال-دۇنيانى ئېلىپ كېتىشكە، زور بىر ئولجىغا
ئېرىشىشكە يىغدىڭمۇ؟» ــ دەپ سورايدۇ.
14 شۇڭا بېشارەت بەرگىن، ئى ئىنسان ئوغلى، گوگقا شۇنداق دېگىن: ــ
رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ مېنىڭ خەلقىم ئىسرائىل ئامان-
ئېسەن بولىدىغان كۈننى، سەن بىلىپ يەتمەمسەن؟ 15 سەن ئۆز
جايىڭدىن، يەنى شىمالنىڭ ئەڭ چەت جايىدىن چىقىسەن، سەن ۋە
ساڭا ھەمراھ بولغان نۇرغۇن ئەللەر، ھەممىسى ئاتلىق بولۇپ، توپ-توپ
ئادەملەر، چوڭ قوشۇن بولىسەن. 16 سەن يەر يۈزىنى قاپلىغان بۇلۇتتەك
خەلقىم ئىسرائىلغا قارشى چىقىسەن ــ بۇ ئاخىرقى زامانلاردا بولىدۇ
ــ مەن سېنى ئۆز زېمىنىمغا قارشىلىششقا چىقىرىمەن؛ شۇنداق
قىلىپ مەن سەن ئارقىلىق، ئى گوگ، ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ
پاك-مۇقەددەس ئىكەنلىكىمنى كۆرسەتكەندە، ئۇلار مېنى تونۇيدۇ».
17 رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ مەن قەدىمكى زامانلاردا قۇللىرىم
بولغان ئىسرائىلدىكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بېشارەت قىلغان
بىرسى سەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار شۇ كۈنلەردە، شۇنداقلا كۆپ يىللاردىن
بېرى، مېنىڭ سېنى خەلقىمگە قارشىلىششقا چىقىرىدىغانلىقىم

---

13:38 **«شېبا، دېدان، تارشىش...»** ــ «شېبا» ۋە «دېدان» ــ ئەرەب مىللەتلىرى ئىدى. «تارشىش» ــ چوڭ بىر سودا شەھىرى (يۇقىرىقى 12:27-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ).
—«ياش شىرلىرى» ــ بۇلارغا ئوخشايدىغان، ئۇلار بىلەن سودا قىلىدىغان ئەللەر. ئايەتنىڭ مەنىسى بەلكىم گوگ ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلارمۇ ئەھۋالدىن پايدىلانماقچى بولىدۇ.

تۇغرۇلۇق بېشارەت بەرگەن ئەمەسمۇ؟
[18] ۋە شۇ كۈنى، يەنى گوگ ئىسرائىل زېمىنىغا قارشى چىققان كۈنى
شۇنداق بولىدۇكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، ــ غەزىپىم بىلەن
مېنىڭ قەھرىم ئۆرلەپ چىقىدۇ. [19] مېنىڭ ئۆز خەلقىمگە بولغان
قىزغىنلىقىمدىن، غەزەپ بىلەن شۇنداق سۆز قىلغانمەنكى، ئىسرائىل
زېمىنىدا زور يەر تەۋرەش بولىدۇ؛ [20] شۇنىڭ بىلەن دېڭىزدىكى بېلىقلار،
ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار، دالادىكى ھايۋانلار، يەر يۈزىدىكى
ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار ۋە يەر يۈزىدە تۇرغان بارلىق ئىنسانلار مېنىڭ
يۈزۈم ئالدىدا تەۋرىنىپ كېتىدۇ؛ تاغلار ئۆرۈلۈپ، تىك يارلار غۇلاپ
كېتىدۇ، بارلىق تاملار يەرگە ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.
[21] مەن بارلىق تاغلىرىمدا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشقا بىر قىلىچ
چاقىرىمەن، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، ــ ھەربىرسىنىڭ قىلىچى ئۆز
قېرىندىشىغا قارشى چىقىدۇ. [22] مەن ۋابا كېسىلى ۋە قان تۆكۈش
بىلەن ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىپ جازالاشقا كىرىشىمەن؛ مەن ئۇنىڭغا،
ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئۈستىگە، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان نۇرغۇن ئەللەر
ئۈستىگە دەھشەتلىك يامغۇر، زور مۆلدۈر تاشلىرى، ئوت ۋە گۈنگۈرت
ياغدۇرىمەن؛ [23] مەن ئۆزۈمنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزۈمنى پاك-مۇقەددەس دەپ
كۆرسىتىمەن؛ ۋە نۇرغۇن ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىمەن، ئۇلار
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ».

---

**17:38** «مەن قەدىمكى زامانلاردا قۇللىرىم بولغان ئىسرائىلدىكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بېشارەت قىلغان بىرسى سەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار شۇ كۈنلەردە، شۇنداقلا كۆپ يىللاردىن بېرى، مېنىڭ سېنى خەلقىمگە قارشىلىشىشقا چىقىرىدىغانلىقىم توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەن ئەمەسمۇ؟» ــ بۇ ئايەت ئۈستىدە بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**17:38** چۆل. 7:24

**19:38** ئەز. 5:36، 6

## گوگ ۋە ماگوگ توغرۇلۇق بېشارەتنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرى

39 [1] ـ ئەمدى سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، گوگنى ئەيىبلەپ
بېشارەت بېرىپ شۇنداق دېگىن: ــ رەب پەرۋەردىگار شۇنداق
دەيدۇ: ــ مانا، ئى گوگ، ــ روش، مەشەك ۋە تۇبالنىڭ ئەمىرى، مەن
ساڭا قارشىمەن؛ [2] مەن سېنى ئارقاڭغا ياندۇرۇپ، يېتەكلەپ، سېنى
شىمالنىڭ ئەڭ قەرىدىن چىقىرىمەن، ئىسرائىلنىڭ تاغلىرى ئۈستىگە
تاجاۋۇز قىلدۇرىمەن؛ [3] مەن ئوقيايىڭنى سول قولۇڭدىن ئۇرۇپ
تاشلىغۇزۇۋېتىمەن، ئوقلىرىڭنى ئوڭ قولۇڭدىن چۈشۈرۈۋېتىمەن؛
[4] سەن ئىسرائىل تاغلىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىسەن؛ سەن ۋە سېنىڭ
بارلىق قوشۇنلىرىڭ، ساڭا ھەمراھ بولغان ئەللەر يىقىلىسىلەر؛
مەن سېنى بارلىق يىرتقۇچ ئۇچار-قاناتلارغا گۆش، دالادىكى بارلىق
ھايۋانلارغا ئوۋ بولۇشقا تەقدىم قىلدىم. [5] سەن دالادا يىقىلىسەن؛
چۈنكى مەن شۇنداق سۆز قىلدىم، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. [6] مەن
ماگوگ ئۈستىگە ۋە دېڭىز بويىدا ئامان-ئېسەن تۇرغانلارغا ئوت
ياغدۇرىمەن؛ ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.
[7] مېنىڭ پاك-مۇقەددەس نامىمنى خەلقىم ئىسرائىل ئارىسىدا
تونۇتىمەن؛ پاك-مۇقەددەس نامىمنىڭ قايتىدىن بۇلغىنىشقا قەتئىي
يول قويمايمەن؛ ئەللەر مېنىڭ پەرۋەردىگار، ئىسرائىلدا تۇرغان
مۇقەددەس بولغۇچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىدۇ.
[8] مانا، ئۇ كېلىدۇ! بۇ ئىشلار چوقۇم بولىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار،
ــ بۇ دەل مەن ئېيتقان كۈندۇر. [9] ئىسرائىل شەھەرلىرىدە تۇرۇۋاتقانلار
چىقىپ قوراللارنى، جۈملىدىن سىپار-قالقانلار، ئوقيالار، توقماقلار ۋە
نەيزىلەرنى كۆيدۈرۈپ ئوت قالايدۇ ــ ئۇلار بۇلار بىلەن يەتتە يىل ئوت
قالايدۇ. [10] دالادىن ھېچ ئوتۇن ئېلىنمايدۇ، ئورمانلاردىن ھېچ ياغاچ
كېسىلمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار قوراللارنى ئوت قالاشقا ئىشلىتىدۇ؛ ئۇلار
ئۆزلىرىدىن ئولجا تۇتقانلارنى ئولجا تۇتىدۇ، ئۆزلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ

**2:39** ئەز. 4:38
**4:39** ئەز. 27:33

قىلغانلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

[11] ۋە شۇ كۈنىدە شۇنداق بولىدۇكى، ئىسرائىل زېمىنىدىن، يەنى دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن ئۆتىدىغانلارنىڭ جىلغىسىدىن گوگقا بىر يەرلىك بولۇشى ئۈچۈن بىر ئورۇننى بېرىمەن؛ بۇ يەرلىك بولسا ئۆتكۈچىلەرنىڭ يولىنى توسىدۇ؛ ئۇلار شۇ يەردە گوگ ۋە ئۇنىڭ بارلىق توپ-توپ ئادەملىرىنى كۆمىدۇ؛ ئۇ «هامون-گوگ جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. [12] ئىسرائىل جەمەتى زېمىنىنى هالال قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى يەتتە ئاي كۆمىدۇ؛ [13] زېمىندىكى بارلىق خەلق ئۇلارنى يەرلىككە قويىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ئۇلۇغلانغان مۇشۇ كۈنىدە بۇ ئىش ئۇلارغا شەرەپ بولىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

[14] ئۇلار بىرنەچچە ئادەمنى زېمىننى داۋاملىق ئارىلاپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ زېمىن يۈزىدە قالغان جەسەتلىرىنى كۆمۈشتەك ئالاهىدە ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئايرىيدۇ؛ ئۇلار شۇ يەتتە ئاي تۈگىگەندە، ئاندىن جەسەتلەرنى ئىزدەش خىزمىتىنى باشلايدۇ. [15] بۇ «زېمىندىن ئۆتكۈچىلەر» ئايلىنىپ يۈرىدۇ؛ ئەگەر بىرسى ئادەمنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆرگەن بولسا، ئۇ ئۇنىڭ يېنىغا بىر بەلگە تىكلەيدۇ؛ «ئىزدەپ كۆمگۈچىلەر» ئۇنى هامون-گوگ جىلغىسىغا دەپنە قىلغۇچە بەلگە تۇرىدۇ [16] (جىلغىدا «هاموناھ» دەپ ئاتالغان بىر شەهەر بولىدۇ). ئۇلار شۇ يول بىلەن زېمىننى پاكلايدۇ.

[17] ــ «ۋە سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ هەرقانداق ئۇچار-قاناتلار، دالادىكى بارلىق هايۋانلارغا مۇنداق دېگىن: «يىغىلىشىپ كېلىڭلار، مەن سىلەرگە قىلماقچى بولغان

---

39:11 **«هامون-گوگ»** ــ «گوگنىڭ توپ-توپ ئادەملىرى» دېگەنلىك.

39:14 **«ئۇلار بىرنەچچە ئادەمنى زېمىننى داۋاملىق ئارىلاپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ زېمىن يۈزىدە قالغان جەسەتلىرىنى كۆمۈشتەك ئالاهىدە ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئايرىيدۇ»** ــ بۇ خىزمەتنى قىلىش ئۈچۈن نەچچە ئادەمنى ئالاهىدە «ئايرىش» كېرەك بولىدۇ ــ چۈنكى جەسەتلەرگە تېگىش ئادەمنى «ناپاك» قىلىپ، ئىبادەتخانىغا كىرىشكە لاياقەتسىز قىلىدۇ.

39:16 **«هاموناھ»** ــ «زور بىر توپ ئادەملەر» دېگەنلىك.

قۇربانلىقىمغا، يەنى ئىسرائىل تاغلىرى ئۈستىدە قىلىنغان چوڭ قۇربانلىققا ھەريانىدىن جەم بولۇڭلار! سىلەر شۇ يەردە گۆش يەپ، قان ئىچىسىلەر. [18] سىلەر باتۇرلارنىڭ گۆشىنى، يەر يۈزىدىكى شاھزادىلارنىڭ قېنىنى ــ قوچقارلارنىڭ، ئۆچكىلەرنىڭ، تورپاقلارنىڭ قېنىنى ئىچىسىلەر ــ ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشاندىكى بورداقلىغان ماللاردۇر! [19] سىلەر مەن سىلەرگە قىلماقچى بولغان قۇربانلىقىمدىن، تويغۇچە ماي يەپ، تويغۇچە قان ئىچىسىلەر! [20] سىلەر داستىخىنىمدا ئاتلار ۋە جەڭ ھارۋىسىدىكىلەر، باتۇرلار، بارلىق جەڭچى پالۋانلار بىلەن تويۇنىسىلەر» ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. [21] ــ ۋە مەن ئۆز شان-شەرىپىمنى ئەللەر ئارىسىغا كۆرسىتىمەن، بارلىق ئەللەر مېنىڭ يۈرگۈزگەن جازالىرىمنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويغان قولۇمنى كۆرىدۇ. [22] ۋە شۇ كۈندىن تارتىپ ئىسرائىل جەمەتى مېنىڭ پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ خۇداسى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىدۇ.

[23] ئەللەر ئىسرائىل جەمەتىنىڭ قەبىھلىكى، ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن سۈرگۈن بولغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ؛ مانا، مەن يۈزۈمنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلىچلىنىپ يىقىلدى. [24] ئۇلارنىڭ پاسكىنىچىلىقى ۋە ئاسىيلىقلىرى بويىچە مەن ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلدىم، يۈزۈمنى ئۇلاردىن يوشۇردۇم.

## خۇدانىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن ئاخىرقى مەقسەتلىرى

[25] شۇڭا رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ مەن ھازىر ياقۇپنى سۈرگۈن بولغانلىقىدىن ئەسلىگە قايتۇرۇپ، پۈتكۈل ئىسرائىل جەمەتى ئۈستىگە رەھىم قىلىپ، ئۆز پاك-مۇقەددەس نامىم ئۈچۈن ئوتلۇق قىزغىنلىقىمنى كۆرسىتىمەن. [26-27] ئۆز زېمىنىدا ئامان-ئېسەن تۇرغىنىدا، ھېچكىم ئۇلارنى قورقۇتمايدىغان چاغ كەلگەندە،

25:39 **«ئۆز... ئوتلۇق قىزغىنلىقىم»** ــ ئىبارنىي تىلدا «ئۆز... ھەستىم».

مەن ئۇلارنى ئەللەردىن قايتۇرۇپ، دۈشمەنلىرىنىڭ زېمىنلىرىدىن
يىغقىنىمدا، ۋە كۆپ ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ پاك-مۇقەددەس
ئىكەنلىكىمنى كۆرسەتكىنىمدە، شۇ چاغدا ئۇلار خىجالىتىنى ۋە
مەندىن يۈز ئۆرۈپ قىلغان ئاسىيلىقىنىڭ بارلىق گۇناھىنى كۆتۈرىدۇ؛
[28] ئۇلار مېنىڭ ئۇلارنى ئەللەر ئارىسىغا سۈرگۈن قىلدۇرغانلىقىم
تۈپەيلىدىن، ۋە ئاندىن ئۇلاردىن ھېچقايسىسىنى شۇ يەردە قالدۇرماي
ئۆز زېمىنىغا يىغقانلىقىم تۈپەيلىدىن، ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىدۇ؛ [29] ۋە مەن يۈزۈمنى ئۇلاردىن قايتا ھېچ
يوشۇرمايمەن؛ چۈنكى مەن ئىسرائىل جەمەتى ئۈستىگە ئۆز روھىمنى
قۇيغان بولىمەن، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## يېڭى ئىبادەتخانىنى ئايان قىلىدىغان ئالامەت كۆرۈنۈش سىخېمىلارنى كۆرۈش

40 [1] بىزنىڭ سۈرگۈن بولغانلىقىمىزنىڭ يىگىرمە بەشىنچى
يىلى، يىلنىڭ بېشىدا، ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە، يەنى
شەھەر بۆسۈلگەندىن ئون تۆت يىل كېيىن ــ دەل ئاشۇ كۈنىدە
پەرۋەردىگارنىڭ قولى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا قوندى، ۋە ئۇ مېنى شەھەرگە
ئاپاردى. [2] خۇدانىڭ ئالامەت كۆرۈنۈشلىرىدە ئۇ مېنى ئىسرائىل
زېمىنىغا ئاپىرىپ، ئىنتايىن ئېگىز تاغ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇردى؛

**29:39** يو. 1:3؛ روس. 17:2

1:40 **«بىزنىڭ سۈرگۈن بولغانلىقىمىزنىڭ يىگىرمە بەشىنچى يىلى...پەرۋەردىگارنىڭ قولى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا قوندى، ۋە ئۇ مېنى شەھەرگە ئاپاردى»** ــ ئەسكەرتىش: بۇ 40-44 بابلاردا تەرجىمىمىزنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن دەپ بەزى ئايەتلەرگە سۆز قوشتۇق. ئۇلار ئەسلىدىكى تېكىستنىڭ بىر قىسمى بولمىسىمۇ، ئۇلار تېكىستنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بىز ئادەتتىكىدەك بۇنداق سۆزلەرنى «سۇس قىلدۇق». **«بىزنىڭ سۈرگۈن بولغانلىقىمىزنىڭ يىگىرمە بەشىنچى يىلى، يىلنىڭ بېشىدا، ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە..»** ــ بۇ ئالامەت كۆرۈنۈش بىرىنچى كۆرۈنۈشتىن 19 يىل كېيىن ئىدى.

**1:40** ئەز. 21:33

تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە شەھەردەك بىر قۇرۇلۇش تۇراتتى. [3] ئۇ مېنى
شۇ يەرگە ئاپاردى؛ مانا قولىدا كاناپ تانىسى ۋە ئۆلچەم خادىسىنى
تۇتقان، مىسنىڭ كۆرۈنۈشىدە بولغان بىر كىشى؛ ئۇ دەرۋازىدا تۇراتتى.
[4] بۇ كىشى ماڭا: «ئىنسان ئوغلى، كۆزلىرىڭ بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقىڭ
بىلەن ئاڭلاپ، كۆڭلۈڭنى مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان بارلىق ئىشلارغا
باغلىغىن؛ چۈنكى بۇنىڭ ساڭا كۆرسىتىلىشى ئۈچۈن سەن مۇشۇ
يەرگە ئېلىپ كېلىندىڭ. ئىسرائىل جەمەتىگە بارلىق كۆرگىنىڭنى
ئايان قىل» ــ دېدى.
[5] ۋە مانا، ئىبادەتخانىنىڭ ھەممە تەرىپىدە تام بار ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ
قولىدا ئالتە گەزلىك ئۆلچەم خادىسى بار ئىدى؛ شۇ چاغدىكى «بىر
گەز» بىر گەز بىر ئالىقانغا توغرا كېلەتتى. ئۇ تامنىڭ كەڭلىكىنى
ئۆلچىدى، بىر «خادا» چىقتى؛ ئېگىزلىكى بولسا، بىر «خادا» چىقتى.
[6] ئۇ شەرققە قارايدىغان دەرۋازىغا كېلىپ، ئۇنىڭ پەلەمپەيلىرىگە
چىقتى؛ ئۇنىڭ بوسۇغىسىنىڭ كەڭلىكىنى ئۆلچىدى، ئۇ بىر خادا
چىقتى. يەنە بىر تەرىپىنىڭ كەڭلىكى بىر خادا چىقتى. [7] دەرۋازىنىڭ
ئىچىدىكى ھەربىر «ئويۇق ئۆي»نىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر خادا، كەڭلىكى
بىر خادا ئىدى؛ ئويۇق ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقى بەش گەز ئىدى؛ دەرۋازىنىڭ
ئىچىدىكى بوسۇغا، يەنى ئىچكىرىگە قارايدىغان دەھلىزنىڭ

---

2:40 **«شەھەردەك بىر قۇرۇلۇش تۇراتتى»** ــ ياكى «بىر شەھەرنىڭ قارىسى تۇراتتى».

2:40 يەش. 2:2؛ مل. 1:4

5:40 **«ئىبادەتخانا»** ــ ئىبرانىي تىلدا پەقەت «ئۆي» دېيىلىدۇ. مۇشۇ يەردە «ئىبادەتخانا» «مۇقەددەسخانا» (41-باب) ۋە ئۇنىڭ ھويلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«ئۇ كىشىنىڭ قولىدا ئالتە گەزلىك ئۆلچەم خادىسى بار ئىدى»** ــ مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز» ئادەمنىڭ قولىنىڭ جەينەكتىن بارماقىنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقى (تەخمىنەن 45 سانتىمېتر) ئىدى. «شۇ چاغدىكى «بىر گەز» بىر گەز بىر ئالىقانغا توغرا كېلەتتى» ــ شۇڭا بۇ بابلاردا ئىشلىتىلگەن «گەز» ئۇنىڭدىن ئۇزۇن، تەخمىنەن 53 سانتىمېتر ھېسابلىناتتى.

—دەرۋازىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى «كېلىچەكتىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا»نى كۆرسىتىدىغان سخېمىلەرنى كۆرۈڭ. **«ئۇ تامنىڭ كەڭلىكىنى ئۆلچىدى، بىر «خادا» چىقتى؛ ئېگىزلىكى بولسا، بىر «خادا» چىقتى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، بىر «خادا» ئالتە گەز ئىدى.

**ئالدىدىكى بوسۇغىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم-ئايرىم بىر «خادا» چىقتى؛ [8] ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىچكىرىگە قارايدىغان دەھلىزىنى ئۆلچىدى، ئۇزۇنلۇقى بىر خادا چىقتى.**

**[9] ئۇ دەرۋازىنىڭ دالىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىدى، سەككىز گەز چىقتى؛ ئۇنىڭ كېشىكىنىڭ يېنىدىكى تامنىڭ قېلىنلىقى ئىككى گەز چىقتى. مۇشۇ دالان ئىچكىرىگە قارايتتى.**

**[10] شەرققە قارىغان دەرۋازىنىڭ ئىچىدە، ئۇ تەرىپىدە ئۈچتىن، بۇ تەرىپىدە ئۈچتىن ئويۇق ئۆيلەر بار ئىدى. ئۈچىلىسى ئوخشاش ئۆلچەمدە ئىدى؛ ئۈچ ئۆينىڭ ئىككى يان تېمى ئوخشاش قېلىنلىقتا ئىدى. [11] ئۇ دەرۋازىنىڭ «كىرىش ئېغىزى»نى ئۆلچىدى، كەڭلىكى ئون گەز چىقتى؛ ئۇنىڭ جەمئىي ئۇزۇنلۇقى ئون ئۈچ گەز ئىدى. [12] بۇ ياندىكى ئويۇق ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا بىر گەز قېلىنلىقتىكى بىر توسما تام بار ئىدى، ۋە ئۇ ياندىكى ئويۇق ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا بىر گەز قېلىنلىقتا بىر توسما تام بار ئىدى؛ ھەرياندىكى ئويۇق ئۆيلەرنىڭ كەڭلىكى ئالتە گەز ئىدى.**

**[13] ئۇ دەرۋازىنىڭ جەمئىي كەڭلىكىنى، يەنى بۇ تەرەپتىكى ئويۇق ئۆينىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئارقا لېۋىدىن ئۇ تەرەپتىكى ئويۇق ئۆينىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئارقا لېۋىغىچە ئۆلچىدى؛ يىگىرمە بەش گەز چىقتى؛ بۇ تەرەپتىكى ئويۇق ئۆينىڭ ئىشىكى بىلەن ئۇ تەرەپتىكى ئويۇق ئۆينىڭ ئىشىكى بىر-بىرىگە قارىشاتتى.**

**[14] ئۇ ئىچكى ھويلىغا كىرىش ئېغىزىدىكى تۈۋرۈكلەرنى ئۆلچىدى؛**

---

7:40 **«ئويۇق ئۆي»** ــ دېمەك، ئالدىنقى تېمى يوق ئۆي. «ئويۇق ئۆي»لەرنىڭ ئالدى كارىدور (دەھلىز) بولاتتى.

11:40 **«ئۇ دەرۋازىنىڭ «كىرىش ئېغىزى»نى ئۆلچىدى»** ــ مۇشۇ يەردە دەرۋازىنىڭ «كىرىش ئېغىزى»نىڭ سىرتقى تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ. دەرۋازانىڭ ئۆزى خېلى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ «كىرىش ئېغىزى»ى، دەھلىزى (كارىدورى) ۋە «دالان»ى بار ئىدى. سىخېمىنىمۇ كۆرۈڭ. **«ئۇنىڭ جەمئىي ئۇزۇنلۇقى»** ــ سىرتقى تام ۋە پەلەمپەينى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك.

13:40 **«بۇ تەرەپتىكى ئويۇق ئۆينىڭ ئىشىكى بىلەن ئۇ تەرەپتىكى ئويۇق ئۆينىڭ ئىشىكى بىر-بىرىگە قارىشاتتى»** ــ بۇ يەردىكى «ئىشىك»نىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. بەزى ئالىملار «بالا تام» ياكى «كۆنگۈرە» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

ئۆلارنىڭ ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز چىقتى؛ دەرۋازا تېمى بۇ ھويلىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ئوراپ تۇرغانىدى. [15] دەرۋازىنىڭ تۈۋىدىن دالانىڭ ئىچكى ئېغىزىغىچە ئەللىك گەز چىقتى. [16] ئويۇق ئۆيلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۈدۈل تېمىدا، شۇنداقلا ئويۇق ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقىدا، دالانىڭ يېنىدا ئوخشاشلا روجەكلەر بار ئىدى؛ مۇشۇ روجەكلەر سىرتىغا قاراپ تارىيىپ ماڭغان ئىدى؛ ھەربىر ئارىلىقتىكى تام-تۈۋرۈكلەرگە پالما دەرەخلىرى نەقىشلەنگەنىدى.

## سىرتقى ھويلا ـ سخېمىنى كۆرۈڭ

[17] ئۇ مېنى سىرتقى ھويلىغا ئاپاردى؛ مانا، كىچىك خانىلار، ۋە سىرتقى ھويلىنى چۆرىدەپ ياسالغان تاش تاختايلىق سۇپا؛ سۇپىنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇز كىچىك خانا سېلىنغان. [18] بۇ تاش تاختايلىق سۇپا ھويلىدىكى دەرۋازىلارغا تۇتاشقان، ئۇنىڭ كەڭلىكى ئۆلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا باراۋەر ئىدى؛ بۇ «پەس تاش سۇپا» ئىدى. [19] ئۇ تۆۋەنكى دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدىن ئىچكى ھويلىنىڭ سىرتقى تېمىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆلچىدى؛ شەرق ۋە شىمال تەرەپلەرنىڭمۇ يۈز گەز چىقتى.

---

14:40 **«كىرىش ئېغىزىدىكى تۈۋرۈكلەر»** ــ ياكى «كىرىش ئېغىزىدىكى مۇنارلار». **«ئۆلارنىڭ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز چىقتى؛ دەرۋازا تېمى بۇ ھويلىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ئوراپ تۇرغانىدى»** ــ بۇ ئىككى تۈۋرۈك ئىنتايىن ئېگىزدۇر.
ــبەزى ئالىملار ئايەتنى «ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىچكى «توسما تام»لىرىغا ئۆلارنىڭ ئارىلىق تاملىرىنى قوشۇپ جەمئىي ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىدى، جەمئىي بولۇپ ئاتمىش گەز ئىدى» دېگەن مەنىدە چۈشىنىدۇ. بىراق (ئۇنداق بولسا) بۇ ئۆلچەم ئىككى تەرەپتىكى ئىچكى «توسما تام»لىرىنىڭ ئارىلىقلىرى بىلەن جەمئىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ قوشۇلمىسى بولاتتى. مۇنداق ئۆلچەشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟
19:40 **«تۆۋەنكى دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدىن...»** ــ مۇمكىنچىلىكى باركى، «تۆۋەنكى» مۇشۇ يەردە «جەنۇبىي» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى تۆۋەندە «شەرقىي دەرۋازا» ۋە «شىمالىي دەرۋازا» تىلغا ئېلىنىدۇ، بىراق ئايەتتە «جەنۇبىي دەرۋازا» تىلغا ئېلىنمايدۇ.

## باشقا ئىككى دەرۋازىسى

[20] ئاندىن سىرتقى ھويلىغا كىرىدىغان، شىمالغا قارايدىغان
دەرۋازىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىنى ئۆلچىدى. [21] ئۇنىڭ بۇ تەرىپىدە
ئۈچتىن ئويۇق ئۆي، ئۇ تەرىپىدە ئۈچتىن ئويۇق ئۆي بار ئىدى؛ ئۇنىڭ
تۈۋرۈكلىرى، دالانلىرى بىرىنچى دەرۋازىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى؛
ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك گەز، كەڭلىكى يىگىرمە بەش گەز. [22] ئۇنىڭ
دېرىزىلىرى، دالانلىرى، پالما دەرەخ نەقىشلىرى شەرققە قارايدىغان
دەرۋازىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى؛ كىشىلەر ئۇنىڭ يەتتە باسقۇچلۇق
پەلەمپىيى بىلەن چىقاتتى؛ ئۇنىڭ دالىنى ئىچكىرىگە قارايتتى.
[23] ئىچكى ھويلىدا شىمال ۋە شەرقتىكى دەرۋازىلارغا ئۇدۇل بىردىن
دەرۋازە تۇراتتى؛ ئۇ دەرۋازىدىن دەرۋازىغىچە ئۆلچىدى، يۈز گەز چىقتى.
[24] ئۇ مېنى جەنۇب تەرەپكە ئاپاردى؛ مانا، جەنۇبقىمۇ قارايدىغان بىر
دەرۋازا بار ئىدى؛ ئۇ ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرى، دالانلىرىنى ئۆلچىدى، ئۇلار
باشقىلىرىغا ئوخشاش ئىدى. [25] دەرۋازىنىڭ ۋە دالىنىنىڭ ئەتراپىدىكى
دېرىزىلەر باشقىلىرىغا ئوخشاش ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك
گەز، كەڭلىكى يىگىرمە بەش گەز ئىدى. [26] ئۇنىڭغا چىقىدىغان
يەتتە باسقۇچ بار ئىدى؛ ئۇنىڭ دالىنى ئىچكىرىگە قارايتتى؛ ئۇنىڭ
تۈۋرۈكلىرىدە پالما دەرىخىنىڭ نەقىشى بار ئىدى، ئۇ تەرەپتە بىرى، بۇ
تەرەپتە بىرى بار ئىدى.
[27] ئىچكى ھويلىغا كىرىدىغان، جەنۇبقا قارايدىغان بىر دەرۋازا بار
ئىدى؛ ئۇ جەنۇبىي تەرەپتە دەرۋازىدىن دەرۋازىغا ئۆلچىدى، يۈز گەز
چىقتى. [28] ئۇ مېنى ئىچكى ھويلىغا جەنۇبىي دەرۋازىدىن ئەكىردى؛
ۋە جەنۇبىي دەرۋازىنى ئۆلچىدى؛ ئۇنىڭ ئۆلچەملىرى باشقا
دەرۋازىلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. [29] ئۇنىڭ ئويۇق ئۆيلىرى، ئارىلىق
تاملىرى، دالىنىنىڭ ئۆلچەملىرى باشقىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش
ئىدى؛ ئۇنىڭ ۋە دالىنىنىڭ ئەتراپلىرىدا دېرىزىلەر بار ئىدى؛ ئۇنىڭ

22:40 **«ئۇنىڭ دېرىزىلىرى...»** — «دېرىزىلىرى» مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ «روجەك»لىرى، ياكى «روجەكلىك دېرىزە»لىرىنى كۆرسىتىدۇ (16-ئايەتنى كۆرۈڭ).

ئۇزۇنلۇقى ئەللىك گەز، كەڭلىكى يىگىرمە بەش گەز ئىدى. [30] ئەتراپىدا
ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش گەز، كەڭلىكى بەش گەز ئەتراپىدا دالىنى
بار ئىدى. [31] ئۇنىڭ دالىنى بولسا سىرتقى هويلىغا قارايتتى؛ ئۇنىڭ
كىرىش ئېغىزىدىكى ئىككى يان تۈۋرۈكىدە پالما دەرەخلىرىنىڭ
نەقىشى بار ئىدى؛ ئۇنىڭ چىقىش يولىنىڭ سەككىز باسقۇچلۇق
پەلەمپىيى بار ئىدى.
[32] ئۇ مېنى ئىچكى هويلىدا شەرق تەرەپكە ئاپاردى؛ ئۇ تەرەپتىكى
دەرۋازىنى ئۆلچىدى؛ ئۇنىڭ ئۆلچەملىرى باشقىلىرىغا ئوخشاش
ئىدى. [33] ئۇنىڭ ئويۇق ئۆيلىرى، ئارىلىق تاملىرى، دالىنىنىڭ
ئۆلچەملىرى باشقىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى؛ ئۇنىڭ ۋە
دالىنىنىڭ ئەتراپلىرىدا دېرىزىلەر بار ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك
گەز، كەڭلىكى يىگىرمە بەش گەز ئىدى. [34] ئۇنىڭ دالىنى بولسا سىرتقى
هويلىغا قارايتتى؛ ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئۇ ۋە بۇ تەرىپىدىكى
تۈۋرۈكىدە پالما دەرەخلىرىنىڭ نەقىشى بار ئىدى؛ ئۇنىڭ چىقىش
يولىنىڭ سەككىز باسقۇچلۇق پەلەمپىيى بار ئىدى.
[35] ئۇ مېنى شىمالىي دەرۋازىغا ئاپاردى، ۋە ئۇنى ئۆلچىدى؛ ئۇنىڭ
ئۆلچەملىرى باشقىلىرىغا ئوخشاش ئىدى. [36] ئۇنىڭ ئويۇق ئۆيلىرى،
ئارىلىق تاملىرى، دالانلىرى باشقىلىرىغا ئوخشاش ئىدى؛ ئەتراپىدا
دېرىزىلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك گەز، ئۇنىڭ كەڭلىكى
يىگىرمە بەش گەز ئىدى. [37] ئۇنىڭ دالىنىدىكى تۈۋرۈكلەر سىرتقى
هويلىغا قارايتتى؛ ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى ئىككى يان تۈۋرۈكىدە
پالما دەرەخلىرىنىڭ نەقىشى بار ئىدى؛ ئۇنىڭ چىقىش يولىنىڭ سەككىز
باسقۇچلۇق پەلەمپىيى بار ئىدى. [38] هەربىر دەرۋازا ئىككى تۈۋرۈكىنىڭ
يېنىدا ئىشىكلىك كىچىك ئۆي بار ئىدى؛ ئۇلار شۇ ئۆيلەردە كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلارنى يۇياتتى.

---

30:40 **«ئەتراپىدا ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش گەز، كەڭلىكى بەش گەز ئەتراپىدا دالىنى بار ئىدى»** — ئەينى تېكستنى چۈشىنىش تەس.

37:40 **«ئۇنىڭ دالىنىدىكى تۈۋرۈكلەر ...»** — ياكى «ئۇنىڭ كېشەكلىرى ...».

[39] دەرۋازىنىڭ دالىنىدا ئۇياندا ئىككىدىن شىرە، بۇياندا ئىككىدىن شىرە بار ئىدى؛ ئۇلار شىرەلەرنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق، گۇناھ قۇربانلىقى ۋە ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقلىرىنى سويىدۇ. [40] شىمالىي دەرۋازىنىڭ دالىنىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى پەلەمپەينىڭ بىر يېنىدا ئىككى شىرە بار ئىدى؛ دالاننىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ يەنە بىر يېنىدا ئىككى شىرە بار ئىدى. [41] شۇنىڭدەك دەرۋازىنىڭ ئۇ يېنىدا تۆت شىرە، بۇ يېنىدا تۆت شىرە بار ئىدى ــ جەمئىي سەككىز جوزا بار ئىدى؛ ئۇلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قۇربانلىقلارنى سويىدۇ. [42] يەنە تاشتىن يونۇپ ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز، ئېگىزلىكى بىر گەز كېلىدىغان تۆت شىرە بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى سويىدىغان قورال-ئەسۋابلار قويۇلىدۇ. [43] دەرۋازا ئىچىدە، تاملىرى ئۈستىگە بىر ئالقان ئۇزۇنلۇقتىكى جۈپ ئىلمەكلىك كانارلار بېكىتىلگەن. شىرەلەر ئۈستىگە قۇربانلىق گۆشلىرى قويۇلىدۇ.

## كاھىنلارنىڭ ئۆيلىرى

[44] ئىچكى ھويلا ئىچىدە ۋە ئىچكى دەرۋازىنىڭ سىرتىدا مەدھىيە ناخشىچىلىرى ئۈچۈن ئىككى كىچىك ئۆي بار ئىدى؛ بىرى شىمالىي دەرۋازىنىڭ يېنىدا، جەنۇبقا يۈزلەنگەن؛ يەنە بىرى جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ

---

42:40 **«يەنە تاشتىن يونۇپ ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز، ئېگىزلىكى بىر گەز كېلىدىغان تۆت شىرە بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى سويىدىغان قورال-ئەسۋابلار قويۇلىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بۇ تۆت شىرە يونۇلغان تاشتىن ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز، ئېگىزلىكى بىر گەز؛ ئۇلارنىڭ ئۈستىگىمۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى سويىدىغان قورال-ئەسۋابلار قويىلىدۇ». بىراق بۇنداق جوزىلار قوي-كالىلارنىڭ جەسىتىنى قويغۇدەك دەرىجىدە چوڭ ئەمەس.

43:40 **«دەرۋازا ئىچىدە... كانارلار بېكىتىلگەن. شىرەلەر ئۈستىگە قۇربانلىق گۆشلىرى قويۇلىدۇ»** ــ بەزى ئالىملار بۇ شىرەلەر پەقەت شىمالىي دەرۋازىسىدىلا قويۇلغان، دەپ قارايدۇ. بىراق 38-ئايەت «دەرۋازىلار»نى كۆرسىتىدۇ.

## سرتقى تامنىڭ دەرۋازىسى -- قۇرۇلۇشى (-40باپ)







ئىبادەتخانا تۆت چاسلىق؛ ئەتراپتىكى تام ھەر تەرەپى ئۇزۇنلۇقى 500 گەز (20-15:42)، ئېگىزلىكى 6 گەز، كەنگلىكى 6 گەزدۇر (5:40).

«مسىنىڭ كۆرۈنۈشدە بولغان كىشى» (3:40)
دەرۋازىنىڭ سرتقى تېمىنىڭ قېلىنلىقىنى ئۆلچىمدى.
قېلىنلىقى 0.5 گەز دەپ ھېسابلىدۇق.
ئۇنداقتا دەرۋازىنىڭ تولۇق كەنگلىكى
تۆۋەندىكىدەك (گەزلەر): --

+ 0.5 (تام)
+ 6 (ۋيۇق خانانىڭ ئۇزۇنلۇقى = 1 خادا)
+ 1 (ۋيۇق خانانىڭ ئالدىدىكى توسما تامنىڭ كەنگلىكى)
+ 10 (دەرۋازا «كورىدورى» كەنگلىكى)
+ 1 (ۋيۇق خانانىڭ ئالدىدىكى توسما تامنىڭ كەنگلىكى)
+ 6 (ۋيۇق خانانىڭ ئۇزۇنلۇقى = 1 خادا)
+ 0.5 (تام)

= **تولۇق كەنگلىكى 25 گەز**
**(ئېز. 13:40)**

**بۇ كەلگۈسى ئىبادەتخانىنى قۇرغۇچى دەل خۇدا ئۆزى ئىبادەتخانىنى قۇرغۇچى دەل خۇدا ئېۋەتىدىغان «شاخ»، يەنى مەسىھدۇر (زەك. 13,12:6نى كۆرۈڭ). يات ئەللەردىن كۆپ ئادەملەر قۇرۇلۇش جەريانىدا تۆھپە قىلغىلى ھەر تەرەپتىن كېلىدۇ (زەك. 15:6نى كۆرۈڭ). قانداقلا بولمىسۇن شاخ، يەنى مەسىھ بۇ ئىبادەتخانىنىڭ سەل ئېنىقسىز ئۆلچەملىرىنى ۋە تەرەپلىرىنى ھەل قىلىدۇ!**

## قۇرغۇچى دەل ئۇ ئۆزىدۇر

يېنىدا، شىمالغا يۈزلەنگەنىدى. [45] ئۇ ماڭا: «جەنۇبقا يۈزلەنگەن
ئۆي كاھىنلار، يەنى ئىبادەتخانىغا مەسئۇللار ئۈچۈندۇر. [46] جەنۇبقا
يۈزلەنگەن ئۆي كاھىنلار، يەنى قۇربانگاھ ۋەزىپىسىگە مەسئۇللار
ئۈچۈندۇر. بۇلار بولسا زادوكنىڭ جەمەتىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرى؛
شۇلارلا لاۋىي جەمەتىدىلەر ئارىسىدىن پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا
خىزمىتىدە بولۇشقا كىرەلەيدۇ» ــ دېدى.
[47] ئۇ ھويلىنى ئۆلچىدى؛ ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز، كەڭلىكى يۈز گەز، تۆت
چاسىلىق ئىدى؛ قۇربانگاھ بولسا مۇقەددەسخانا ئالدىدا تۇراتتى.

## مۇقەددەس جاينىڭ دالىنى
## سىخېمنى كۆرۈك

[48] ئۇ مېنى مۇقەددەسخانىنىڭ دالىنىغا ئاپاردى؛ ئۇ دالان ئېغىزىنىڭ
ئىككى يېنىدىكى تاملارنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىدى؛ بىر
تەرەپتىكىسى بەش گەز، يەنە بىر تەرەپتىكىسى بەش گەز چىقتى؛
دالان ئېغىزىنىڭ ئۆزى ئون تۆت گەز ئىدى؛ دالان ئېغىزىدىكى تامنىڭ
ئىچكى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى بۇ تەرىپى ئۈچ گەز، ئۇ تەرىپى ئۈچ گەز ئى
دى. [49] دالاننىڭ كەڭلىكى يىگىرمە گەز، ئۇزۇنلۇقى ئون بىر گەز ئىدى؛
ئۇنىڭغا چىقىدىغان پەلەمپەي بار ئىدى؛ يېنىدىكى تاملارغا ئائىت
تۈۋرۈكمۇ بار ئىدى، ئۇ يېنىدا بىرى، بۇ يېنىدا بىرى بار ئىدى.

---

46:40 **«شۇلارلا لاۋىي جەمەتىدىلەر ئارىسىدىن پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا خىزمىتىدە بولۇشقا كىرەلەيدۇ»** ــ زادوكلارنىڭ شۇ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش سەۋەبى 15:44دە ئېيتىلىدۇ.

47:40 **«قۇربانگاھ بولسا مۇقەددەسخانا ئالدىدا تۇراتتى»** ــ «مۇقەددەسخانا» ھويلا ئىچىدە تۇرىدىغان ئۆي؛ ئۇ «مۇقەددەس جاي» ۋە «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

48:40 **«دالان ئېغىزىنىڭ ئۆزى ئون تۆت گەز ئىدى»** ــ بۇ جۈملە بەزى كونا تېكىستلەردە (بولۇپمۇ كونا گرېك تىلىدىكى LXX تەرجىمىسىدە) تېپىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بايانلىرىنىڭ تولۇق بولۇشى ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر جۈملە بولۇشى كېرەك ئىدى.

49:40 **«دالاننىڭ ... ئۇزۇنلۇقى ئون بىر گەز ئىدى»** ــ بەزى كونا تېكىستلەردە «ئون ئىككى گەز» دېيىلىدۇ.

## مۇقەددەس جاي، ئەڭ مۇقەددەس جاي
## سخېمىلارنى كۆرۈڭ

41 [1] ئۇ مېنى مۇقەددەسخانىدىكى مۇقەددەس جاينىڭ ئالدىغا
ئاپاردى؛ ئۇ جاينىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
يان تامنى ئۆلچىدى، ھەر ئىككىسىنىڭ قېلىنلىقى ئالتە گەز چىقتى.
مانا ئىبادەتجانىنىڭ ئېغىزى. [2] كىرىش ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى بولسا
ئون گەز ئىدى؛ مۇقەددەس جاينىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى توغرا تامنىڭ
ئىچكى تەرىپىنىڭ كەڭلىكىنى ئۆلچىدى، ھەر ئىككىسى بەش گەز
چىقتى؛ ئۇ مۇقەددەس جاينىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىدى، قىرىق گەز
چىقتى؛ ئۇنىڭ كەڭلىكى يىگىرمە گەز چىقتى.
[3] ئۇ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى، ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرىش
ئېغىزىدىكى توغرا تامنىڭ كەڭلىكى ئىككى گەز؛ ئېغىزىنىڭ
كەڭلىكى ئالتە گەز ئىدى؛ ئىككى تەرەپتىكى توغرا تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى
بولسا، يەتتە گەز ئىدى. [4] ئۇ مۇقەددەس جاينىڭ كەينىدىكى «ئەڭ
مۇقەددەس جاي»نىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىدى، يىگىرمە گەز چىقتى؛
كەڭلىكىمۇ يىگىرمە گەز ئىدى. ئۇ ماڭا: «بۇ ئەڭ مۇقەددەس جاي»
ــ دېدى.

## «مۇقەددەسخانا»غا يانداش كىچىك خانىلار

[5] ئۇ مۇقەددەسخانىنىڭ تېمىنى ئۆلچىدى، قېلىنلىقى ئالتە گەز چىقتى؛
ياندىكى كىچىك خانىلارنىڭ بولسا، كەڭلىكى تۆت گەز ئىدى؛ كىچىك

3:41 **«ئۇ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى، ... كىرىش ئېغىزىدىكى توغرا تامنىڭ كەڭلىكى ئىككى گەز...»** ــ ئالىملارنىڭ بۇ 3-1 ئايەتتىكى ئۆلچەملەر توغرۇلۇق باشقا-باشقا چۈشەنچىلىرى بار. سخېمىلىرىمىزنى كۆرۈڭ.

4:41 **«ئۇ مۇقەددەس جاينىڭ كەينىدىكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىدى، ... ئۇ ماڭا: «بۇ ئەڭ مۇقەددەس جاي» ــ دېدى»** ــ ئەزاكىيال كاھىن بولۇپ، «مۇقەددەس جاي»غا كىردى. بىراق «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا كىرمىدى؛ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە پەقەت «باش كاھىن» «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا كىرىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى.



كەلگۈسىدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا
مۇقەددەسخانىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى (ئەزاكىيال 41-باب)
ئىبادەتخانىنىڭ كەسمە يۈز كۆرۈنۈشى («كىرىش ئېغىزى» مۇشۇ كەسمە يۈز كۆرۈنۈشنىڭ ئالدىدا)
1 گەز = 530 مىللىمېتر
مۇقەددەسخانىنىڭ دەرىزىلىرى («پاد. (1)» 4:6نى كۆرۈڭ)
كەڭلىكى 20 گەز (2-ئايەت)
توسما تام («قانۇن شەرھى» 8:22)
مۇقەددەس جاي
(بالىخانا)
دەرىزە-روجەكلەر (26-ئايەت)
ئۈچ قەۋەتلىك كىچىك خانىلار (6-ئايەت)
ئەڭ مۇقەددەس جاينىڭ ئېگىزلىكى 20 گەز («پاد. (1)» 20:6 نى كۆرۈڭ)
ئەڭ مۇقەددەس جاينىڭ كىرىش ئېغىزى كەڭلىكى 7 گەز (3-ئايەت)
ئېگىزلىكى 30 گەز («پاد. (1)» 2:6 نى كۆرۈڭ)
خانىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى («پاد. (1)» 6:6 نى كۆرۈڭ) 7 گەز
ھەربىر قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى 5 گەز («پاد. (1)» 10:6نى كۆرۈڭ)
6 گەز
خانىلارنى چۆرىدىگەن بوش يەر (9، 11-ئايەت) 5 گەز
بارلىق خانىلارنىڭ كەڭلىكى 4 گەز (5-ئايەت)
ئىشىكنىڭ ئېگىزلىكى 6 گەز (3-ئايەت)
مۇقەددەس-خانىنىڭ تېمى (5-ئايەت) 6 گەز
5 گەز
تام (9-ئايەت) 5 گەز
مۇقەددەسخانىنىڭ ئۇللۇق سۇپىسى -- 1 خادا (6 گەز) - ئەز. 3:41

خانىلار مۇقەددەسخانىنى چۆرىدەپ سېلىنغانىدى. [6] يېنىدىكى
كىچىك خانىلار ئۈچ قەۋەتلىك، بىر-بىرىگە ئۇستىلەكلىك ئىدى،
ھەر قەۋەتتە ئوتتۇزدىن خانا بار ئىدى؛ كىچىك خانىلارنىڭ لىملىرى
مۇقەددەسخانىنىڭ تېمىغا چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، لىملار كىچىك
خانىلارنىڭ سىرتقى تېمىغا بېكىتىلگەنىدى. [7] يۇقىرىلىغانسېرى
مۇقەددەسخانىنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك خانىلار كېڭىيىپ بارغانىدى؛
چۈنكى مۇقەددەسخانىنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇلۇش بولغانلىقتىن بىنا
ئېگىزلىگەنسېرى خانىلار كېڭىيىگەن. شۇ سەۋەبتىن مۇقەددەسخانىمۇ
ئېگىزلىگەنسېرى كېڭىيىگەن. تۆۋەندىكى قەۋەتتىن يۇقىرىدىكى
قەۋەتكىچە ئوتتۇرىدىكى قەۋەت ئارقىلىق چىقىدىغان پەلەمپەي بار
ئىدى.
[8] مەن مۇقەددەسخانىنىڭ ئېگىز ئۇللۇق سۇپىسى بارلىقىنى كۆردۈم؛
ئۇ ھەم يېنىدىكى كىچىك خانىلارنىڭ ئۇلى ئىدى؛ ئۇنىڭ ئېگىزلىكى
توپتوغرا بىر «خادا» ئىدى، يەنى ئالتە «چوڭ گەز» ئىدى. [9-10] يېنىدىكى
خانىلارنىڭ سىرتقى تېمىنىڭ قېلىنلىقى بەش گەز ئىدى.
مۇقەددەسخانىنىڭ يېنىدىكى كىچىك خانىلار بىلەن كاھىنلارنىڭ
ھۇجرىلىرى ئارىلىقىدىكى بوش يەرنىڭ كەڭلىكى يىگىرمە گەز
ئىدى؛ بۇ بوش يەر مۇقەددەسخانىنىڭ ھەممە تەرىپىدە بار ئىدى.
[11] يېنىدىكى كىچىك خانىلارغا كىرىش ئېغىزى بولسا بوش يەرگە
قارايتتى؛ بىر كىرىش ئېغىزى شىمالغا، يەنە بىرى جەنۇبقا قارايتتى.
سۇپا ئۇستىدىكى خانىلارنى چۆرىدىگەن بوش يەرنىڭ كەڭلىكى بەش
گەز ئىدى.

---

7:41 **«مۇقەددەسخانىنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇلۇش بولغانلىقتىن بىنا ئېگىزلىگەنسېرى خانىلار كېڭىيىگەن»** ــ مۇشۇ «قۇرۇلۇش» دېگەن سۆز پۈتكۈل «مۇقەددەس كىتاب»تا پەقەت بىر قېتىملا تېپىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ مەنىسىنى بېكىتىش تەس. مۇمكىنچىلىكى يەنە باركى، ئۇ «كارىدور» ياكى «پەلەمپەي» دېگەن مەنىدە.

8:41 **«ئۇنىڭ ئېگىزلىكى توپتوغرا بىر «خادا» ئىدى، يەنى ئالتە «چوڭ گەز» ئىدى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولىدۇكى، «چوڭ گەز» «بىر گەزگە قوشۇلغان بىر ئالىقان» (525 ملليمېتر ئەتراپىدا) (5:40نى كۆرۈڭ).

[12] غەربكە جايلاشقان، بوش يەرگە قارايدىغان بىنانىڭ ئۇزۇنلۇقى
يەتمىش گەز ئىدى؛ بىنانىڭ سىرتقى تېمىنىڭ قېلىنلىقى بەش گەز؛
ئۇنىڭ كەڭلىكى توقسان گەز ئىدى.

## ئىبادەتخانىنىڭ يەنە بەزى تەپسىلاتلىرى

[13] ھېلىقى كىشى مۇقەددەسخانىنىڭ ئۆزىنى ئۆلچىدى؛ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى
يۈز گەز ئىدى. بوش يەرنىڭ كەڭلىكى يۈز گەز ئىدى، بىنانىڭ تاملىرى
قوشۇلۇپ جەمئىي كەڭلىكى يۈز گەز ئىدى. [14] مۇقەددەسخانىنىڭ
ئالدى تەرىپى ۋە شەرققە جايلاشقان ھويلىسىنىڭ كەڭلىكى يۈز گەز
ئىدى. [16-15] ئۇ مۇقەددەسخانىنىڭ كەينىدىكى بوش يەرگە قارايدىغان
بىنانىڭ كەڭلىكىنى، جۈملىدىن ئۇ ۋە بۇ تەرىپىدىكى كارىدورنى
ئۆلچىدى، يۈز گەز چىقتى. مۇقەددەسخانىنىڭ «مۇقەددەس جاي»ى
بىلەن ئىچكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي»ى ۋە سىرتقا قارايدىغان دالىنى
بولسا، ياغاچ تاختايلار بىلەن بېزەلگەن؛ ئۇنىڭ بوسۇغىلىرى،
ئىچىدىكى ئۈچ جاينىڭ ئەتراپىدىكى روجەكلىرى ھەم دەھلىزلىرى
بولسا، بوسۇغىسىدىن تارتىپ ھەممە يەر، پولدىن دېرىزىلەرگىچە
ياغاچ تاختايلار بىلەن بېزەلگەن (دېرىزىلەر ئۆزى روجەكلىك ئىدى).
[18-17] دالاندىن ئىچكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غىچە بولغان تورۇس،
ئىچكى ۋە سىرتقى «مۇقەددەس جاي»نىڭ تاملىرىنىڭ ھەممە يېرى
كېرۇب ۋە پالما دەرەخلىرى بىلەن ئۆلچەملىك نەقىشلەنگەنىدى.
ھەر ئىككى كېرۇب ئارىسىدا بىر پالما دەرىخى نەقىشلەنگەنىدى؛
ھەربىر كېرۇبنىڭ ئىككى يۈزى بار ئىدى. [19] كېرۇبنىڭ ئىنسان يۈزى بۇ

12:41 **«بىنانىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتمىش گەز ئىدى... ئۇنىڭ كەڭلىكى توقسان گەز ئىدى»** ــ بۇ بىنانىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى «ئىچكى كەڭلىكى» ۋە «ئىچكى ئۇزۇنلۇقى»نى كۆرسەتسە كېرەك. سخېمىمىزدا شۇنداق قىياس قىلىمىز. باشقا ئىمكانىيىتىمۇ سخېمىمىزدا كۆرسىتىلدۇ.
– ئالىملار بىنانىڭ قايسى يۆنىلىشتە (توغرىسىغا، ئۇزۇنىسىغا) ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرۇلۇق ئىككى پىكىردە بار.

14:41 **«شەرققە جايلاشقان ھويلىسى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا « شەرققە جايلاشقان بوش يەر».

18-17:41 **«ئىچكى ۋە سىرتقى «مۇقەددەس جاي»»** ــ دېمەك، «مۇقەددەس جاي» ۋە

(چوڭقۇرراق سىلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن)
ئەز. 40-42گە ئاساسەن، باشقا بىرئالىم پەرەز قىلغان سىخېمىلار







پۈتكۈل ئىبادەتخانا؛ شەرۋتىن بولىدىغان كۆرۈنۈشى

تەرەپتىكى پالما دەرىخى نەقىشىگە قارايتتى؛ شىر يۈزى ئۇ تەرەپتىكى پالما دەرىخى نەقىشىگە قارايتتى؛ پۈتكۈل مۇقەددەسخانىنىڭ ئىچكى ھەممە تەرىپى شۇنداق ئىدى؛ [20] دالاننىڭ پولدىن تارتىپ تورۇسىغىچە، شۇنىڭدەك «مۇقەددەس جاي»نىڭ تاملىرىغا كېرۇبلار ۋە پالما دەرەخلىرى نەقىش قىلىنغان.

[21] «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئىشىك كېشەكلىرى بولسا، تۆت چاسىلىق ئىدى؛ «ئەڭ مۇقەددەس جاي» ئالدىدىكى ئىشىك كېشەكلىرىمۇ ئوخشاش ئىدى.

[22] «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ گەز، ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەز بولغان قۇربانگاھى ياغاچتىن ياسالغان؛ ئۇنىڭ بۇرجەكلىرى، يۈزى ۋە تاملىرىنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغان؛ ھېلىقى كىشى ماڭا: «بۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان شىرەدۇر» ــ دېدى.

[23] مۇقەددەسخانىنىڭ «مۇقەددەس جاي» ھەم «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نىڭ ھەربىرىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى بار ئىدى. [24] ھەربىر قانىتىنىڭ ئىككى قاتلىمى بار ئىدى؛ بۇ ئىككى قاتلام قاتلىناتتى؛ بۇ تەرەپتىكى قانىتىنىڭ ئىككى قاتلىمى بار ئىدى؛ ئۇ تەرەپتىكىسىنىڭمۇ ئىككى قاتلىمى بار ئىدى. [25] ئۇلارنىڭ ئۈستىگە، يەنى «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئىشىكلىرى ئۈستىگە، تاملارنىڭ ئۈستىنى نەقىشلىگەندەك، كېرۇبلار ۋە پالما دەرەخلىرى نەقىشلەنگەنىدى؛ سىرتقى دالاننىڭ ئالدىدا ياغاچتىن ياسالغان بىر ئايۋان بار ئىدى. [26] دالاننىڭ ئۇ ۋە بۇ تەرىپىدە روجەكلەر ۋە پالما دەرەخ نەقىشلىرى بار ئىدى. مۇقەددەسخانىنىڭ يېنىدىكى كىچىك خانىلار ۋە ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ شەكلىمۇ شۇنداق ئىدى.

---

«ئەڭ مۇقەددەس جاي».

22:41 **««مۇقەددەس جاي»نىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ گەز، ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەز بولغان قۇربانگاھى ياغاچتىن ياسالغان...»** ــ بۇ «قۇربانگاھ» بەلكىم قۇربانلىقلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا «مۇقەددەس نان» قويۇلۇش ئۈچۈن ياسىلىدۇ؛ چۈنكى ئاخىرىدا «بۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان شىرەدۇر» دېيىلىدۇ.

## سىرتقى ۋە ئىچكى ھويلا ئارىسىغا جايلاشقان كاھىنلارنىڭ ئۆيلىرى سىخېمىلارنى كۆرۈك

42 [1] ئۇ مېنى سىرتقى ھويلىغا، شىمال تەرىپىگە ئاپاردى؛ ئۇ
مېنى يەنە «بوش يەر»گە تۇتاشقان، ئىبادەتخانىنىڭ شىمالىي
ئۇدۇلىغا جايلاشقان كىچىك خانىلارغا ئاپاردى. [2] خانىلارنىڭ جەمئىي
ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز ئىدى؛ ئۇلارنىڭ كىرىش يولى شىمالغا قارايتتى؛
خانىلارنىڭ جەمئىي كەڭلىكى ئەللىك گەز ئىدى. [3] خانىلار ئىچكى
ھويلىغا تەۋە يىگىرمە گەز كەڭلىكتىكى «بوش يەر»گە قارايتتى،
شۇنداقلا سىرتقى ھويلىغا تەۋە «تاش تاختايلىق سۇپا»نىڭ ئۇدۇلىدا
ئىدى. ئۈچ قەۋەتلىك خانىلارنىڭ كارىدورىنىڭ بىر تەرىپىدىكى
خانىلار يەنە بىر تەرىپىدىكى خانىلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى.
[4] خانىلارنىڭ ئالدىدا ئون گەز كەڭلىكتە، يۈز گەز ئۇزۇنلۇقتا بىر كارىدور
بار ئىدى. خانىلارنىڭ ئىشىكلىرى شىمالغا قارايتتى؛ [5] يۇقىرىدىكى
خانىلار تۆۋەندىكى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆيلەردىن تار ئىدى؛ چۈنكى
كارىدورلار كۆپ ئورۇننى ئىگىلىۋالغانىدى. [6] خانىلار ئۈچ قەۋەتلىك
ئىدى؛ بىراق ھويلىغا تۇتاش خانىلارنىڭكىدەك تۈۋرۈكلىرى
بولمىغاچقا، ئۈچىنچى قەۋەتتىكى خانىلار ئاستىنقى قەۋەتتىكى ۋە
ئوتتۇرىدىكى خانىلاردىن تار ئىدى.
[7] سىرتتىكى خانىلارنىڭ يېنىدىكى، يەنى ھويلىنى خانىلاردىن ئايرىپ
تۇرىدىغان سىرتقى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك گەز ئىدى. [8] سىرتقى

---

**4:42 «خانىلارنىڭ ئالدىدا ئون گەز كەڭلىكتە، يۈز گەز ئۇزۇنلۇقتا بىر كارىدور بار ئىدى»** — بىز مۇشۇ يەردە گرېك تەرجىمىسى (LXX) ۋە «پېشىتتا»نىڭ تېكىستىگە ئەگىشىپ، «يۈز گەز» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. **«... خانىلارنىڭ ئىشىكلىرى شىمالغا قارايتتى»** — پۈتۈن ئايەتتىكى ئەينى تېكىستنى چۈشىنىش تەس. مۇمكىنچىلىكى باركى، ھەر قەۋەتتە ئىككى كارىدور بار؛ شۇنىڭ بىلەن ھەربىر خانا كارىدورغا، يەنى «شىمالغا» قارايتتى.

**6:42 «...ھويلىغا تۇتاش خانىلارنىڭكىدەك تۈۋرۈكلىرى بولمىغاچقا، ئۈچىنچى قەۋەتتىكى خانىلار ئاستىنقى قەۋەتتىكى ۋە ئوتتۇرىدىكى خانىلاردىن تار ئىدى»** — بۇ جۈملىنىڭ مەنىسىنى ئىبارىنىي تىلىدا چۈشىنىش تەس. بىنادىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

**ھويلىغا تۇتاشقان خانىلارنىڭ بولسا، جەمئىي ئۇزۇنلۇقى ئەللىك گەز ئىدى؛ مانا، مۇقەددەسخانىغا قارايدىغان تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز ئىدى.** [9] **بۇ خانىلار ئاستىدا، سىرتقى ھويلىدىن كىرىدىغان، شەرق تەرەپكە قارايدىغان بىر كىرىش يولى بار ئىدى.**

[10] **ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، شەرقىي تەرىپىگە قارايدىغان ئىچكى ھويلىدىكى تامنىڭ كەڭلىكى بىلەن تەڭ بولغان، «بوش يەر»گە تۇتاشقان، ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزىگە قارايدىغان خانىلار بار ئىدى؛** [11] **ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ بىر كارىدور بار ئىدى؛ ئۇلار شىمالغا قارايدىغان خانىلارغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى، بارلىق چىقىش يوللىرى، شەكلى ۋە ئىشىكلىرى ئوخشاش ئىدى.** [12] **جەنۇبقا قارايدىغان بىر يۈرۈش خانىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى كارىدورنىڭ بېشىدا بىر كىرىش يولى بار ئىدى؛ بۇ كىرىش يولىمۇ شەرققە قارايدىغان تامنىڭ يېنىدا ئىدى.**

[13] **ۋە ئۇ ماڭا: «ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىدىكى «بوش يەر»گە تۇتاشلىق بۇ شىمالىي ۋە جەنۇبىي يۈرۈش خانىلار بولسا، مۇقەددەس خانىلاردۇر؛ پەرۋەردىگارغا يېقىنلىشالايدىغان كاھىنلار شۇ يەرلەردە «ئەڭ مۇقەددەس ھەدىيەلەر»نى يەيدۇ. ئۇلار شۇ يەرلەردە «ئەڭ مۇقەددەس ھەدىيەلەر»نى، يەنى ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى، گۇناھ قۇربانلىقلىرىنى ۋە ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقلىرىنى قويىدۇ؛ چۈنكى شۇ يەرلەر مۇقەددەستۇر.** [14] **كاھىنلار خۇدا ئالدىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار «مۇقەددەس جاي»دىن بىۋاستە سىرتقى ھويلىغا چىقمايدۇ، بەلكى شۇ يەرگە خىزمەت كىيىمىنى سېلىپ قويىدۇ، چۈنكى بۇ كىيىملەر مۇقەددەستۇر. ئۇلار پەقەت باشقا كىيىملەرنى كىيىپ، ئاندىن جامائەت تۇرغان يەرگە چىقىدۇ» ــ دېدى.**

---

9:42 **«... سىرتقى ھويلىدىن كىرىدىغان، شەرق تەرەپكە قارايدىغان بىر كىرىش يولى بار ئىدى»** ــ بۇ بىنادىن ئىچكى ھويلىغا كىرىدىغان بىر يولمۇ بولۇش كېرەك (13-، 14-ئايەت ۋە 19:44-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

14:42 **«كاھىنلار ... شۇ يەرگە خىزمەت كىيىمىنى سېلىپ قويىدۇ...»** ــ «شۇ يەر»




(ئەز. 1:40) «بىزنىڭ سۈرگۈن بولغانلىقىمىزنىڭ يىگىرمە بەشىنچى يىلى، يىلنىڭ بېشىدا، ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە، يەنى شەھەر بۇسۇلگەندىن ئون تۆت يىل كېيىن — (ئىككى ئىمكانىيەت بار. شۇ كۈن «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» قۇربانلىق قوزىسى ئايرىلىدىغان كۈن (مىس. 3:12) ئىدى؛ يەنە بىر مۇمكىنچىلىكى باركى، «تالمۇد» بويىچە (Arakxin 12b) شۇ يىل «يۇبىلېي يىلى» («كاناي-بۇرغا چالدىغان يىل» «ئازادلىق يىلى»، «شادلىق يىلى») ئىدى. ئۇنداق بولسا، شۇ كۈن 7-ئاي، 10-كۈن، يەنى «كافارەت كۈنى» بولغاچقا، «ئازادلىقنى جاكارلىغان بۇرغا» چالىدىغان كۈن بولاتتى! ئۆتكەن قېتىمقى پەيت يوسىيا پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىت بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى) — دەل ئاشۇ كۈندە پەرۋەردىگارنىڭ قولى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا قوندى، ۋە ئۇ مېنى شەھەرگە ئاپاردى»

شەرق

15 ئۇ شۇنداق قىلىپ ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى كۆلىمىنى ئۆلچىگەندىن
كېيىن، ئۇ مېنى شەرقكە قارايدىغان دەرۋازىدىن چىقاردى ۋە
ئەتراپىدىكى تامنى ئۆلچىدى. 16 ئۇ شەرقىي تەرىپىنى ئۆلچەم خادىسى
بىلەن ئۆلچىدى؛ ئۇ بەش يۈز خادا چىقتى. 17 ئۇ شىمالىي تەرىپىنى
ئۆلچەم خادىسى بىلەن ئۆلچىدى؛ ئۇ بەش يۈز خادا چىقتى. 18 ئۇ جەنۇبىي
تەرىپىنى ئۆلچەم خادىسى بىلەن ئۆلچىدى؛ ئۇ بەش يۈز خادا چىقتى.
19 ئۇ غەربىي تەرىپىگە بۇرۇلۇپ، ئۆلچەم خادىسى بىلەن ئۆلچىدى؛ ئۇ
بەش يۈز خادا چىقتى.
20 ئۇ تۆت تەرىپىنى ئۆلچىدى؛ ئەتراپىدا ئاۋام بىلەن پاك-مۇقەددەس
بولغان جايلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان، ئۇزۇنلۇقى بەش يۈز خادا، كەڭلىكى
بەش يۈز خادا تام بار ئىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىدۇ

# 43

1 ئۇ مېنى دەرۋازىغا، يەنى شەرقكە قارايدىغان دەرۋازىغا
ئاپاردى؛ 2 مانا، ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ شان-شەرىپى
شەرق تەرەپتىن كەلدى؛ ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇلۇغ سۇلارنىڭ شارقىرىغان
ساداسىدەك ئىدى؛ يەر يۈزى ئۇنىڭ شان-شەرىپى بىلەن يورۇتۇلدى.
3 مەن كۆرگەن بۇ ئالامەت كۆرۈنۈش بولسا، ئۇ شەھەرنى ھالاك قىلىشقا
كەلگەن قېتىمدا كۆرگەن ئالامەت كۆرۈنۈشتەك بولدى؛ ئالامەت
كۆرۈنۈشلەر يەنە مەن كېۋار دەرياسى بويىدا تۇرۇپ كۆرگەن ئالامەت

---

يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن «يېرىش خانىلار»نى كۆرسىتىش كېرەك (19:44-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). ئىچكى ھويلىنىڭ ئۆزىدە كىيىم-كېچەكنى ئالماشتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەستۇر.

16:42 **«ئۇ شەرقىي تەرىپىنى ئۆلچەم خادىسى بىلەن ئۆلچىدى؛ ئۇ بەش يۈز خادا چىقتى»** ــ ئىبادەتخانىدىكى «سىرتقى ھويلا»نىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى بەش يۈز گەز ئىدى (ھېسابلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن سخېمىلارنى كۆرۈڭ). بۇنىڭغا قارىغاندا، سىرتقى ھويلا تېمىنىڭ سىرتىدا يەنە بىر چوڭ توسما تام بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاندا، بۇ ئىبادەتخانا ئىنتايىن چوڭ بولغان بولىدۇ. تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى بىر كىلومېتىردىن ئېشىشى مۇمكىن.
—گرېك تەرجىمىسى (LXX)نىڭ تېكىستتە «بەز يۈز گەز» دېيىلىدۇ.

كۆرۈنۈشتەك بولدى؛ مەن دۈم يىقىلدىم. [4] پەرۋەردىگارنىڭ شان-
شەرىپى شەرققە قارايدىغان دەرۋازا ئارقىلىق ئىبادەتخانىغا كىردى؛
[5] روھ مېنى كۆتۈرۈپ، ئىچكى ھويلىغا ئاپاردى؛ مانا، پەرۋەردىگارنىڭ
شان-شەرىپى ئىبادەتخانىنى تولدۇردى.
[6] ھېلىقى كىشى يېنىمدا تۇرغاندا، ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدىن بىرسىنىڭ
سۆزلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم؛ [7] ئۇ ماڭا: — ئى ئىنسان ئوغلى، بۇ مېنىڭ
تەختىم سېلىنغان جاي، مەن ئاياغ باسىدىغان، مەن ئىسرائىللار
ئارىسىدا مەڭگۈگە تۇرىدىغان جايدۇر؛ ئىسرائىل جەمەتىدىكىلەر —
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياكى پادىشاھلىرى بۇزۇقلۇقى بىلەن ياكى «يۇقىرى
جايلار»دا پادىشاھنىڭ جەسەتلىرى بىلەن مېنىڭ پاك-مۇقەددەس
نامىمنى يەنە ھېچ بۇلغىمايدۇ. [8] ئۇلار ئۆز بوسۇغىسىنى مېنىڭ
بوسۇغامنىڭ يېنىغا، ئىشىك كېشىكىنى مېنىڭ ئىشىك كېشىكىمنىڭ
يېنىغا سالغان، ئۇلار بىلەن مېنى پەقەت بىر تاملا ئايرىپ تۇراتتى، ئۇلار
مېنىڭ پاك-مۇقەددەس نامىمنى يىرگىنچلىكلىرى بىلەن بۇلغىغان.
شۇڭا مەن غەزىپىم بىلەن ئۇلارنى يوقىتىۋەتتىم.
[9] ئەمدى ھازىر ئۇلار بۇزۇقلۇقىنى، پادىشاھلارنىڭ جەسەتلىرىنى
مەندىن يىراق قىلسۇن؛ ۋە مەن ئۇلار ئارىسىدا مەڭگۈگە تۇرىمەن.
[10] — ئەمدى سەن، ئى ئىنسان ئوغلى، ئىسرائىل جەمەتىنىڭ ئۆز
قەبىھلىكلىرىدىن خىجالەت بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئۆيىنى ئۇلارغا
كۆرسىتىپ بەرگىن؛ ئۇلار كاللىسىدا ئىبادەتخانىنى ئۆلچەپ باقسۇن.
[11] ئەگەردە ئۇلار ئۆز قىلغانلىرىدىن خىجىل بولسا، ئەمدى سەن مۇشۇ

---

**3:43** ئەز. 4:1؛ 4:8

5:43 **«روھ مېنى كۆتۈرۈپ،...»** — خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى، ئەلۋەتتە.

**5:43** ئەز. 14:3، ئەز. 24:11

7:43 **«پادىشاھلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن مېنىڭ پاك-مۇقەددەس نامىمنى يەنە ھېچ بۇلغىمايدۇ»** — ئىسرائىللار قەدىمكى زامانلاردا بەلكىم پادىشاھلىرىنى «يۇقىرى جايلار»دا دەپنە قىلىپ شۇ يەرلەرنى تاۋاپگاھلار قىلىۋالغان. بەزى ئالىملار «جەسەتلىرى»نى «ئابىدە تاشلىرى» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

**7:43** يەر. 18:16

ئۆيىنىڭ شەكلىنى، ئۇنىڭ سىلىنىشىنى، چىقىش يوللىرىنى، كىرىش يوللىرىنى ۋە بارلىق لايىھىسىنى ۋە بارلىق بەلگىلىمىلىرىنى ــ شۇنداق، بارلىق شەكلىنى ۋە بارلىق قانۇنلىرىنى ئايان قىلىپ بەرگىن؛ ئۇلارنىڭ پۈتكۈل شەكلىنى ئېسىدە تۇتۇشى ھەم ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا يازغىن.
[12] ئىبادەتخانىنىڭ قانۇنى شۇنداق بولىدۇ: ئۇ تۇرغان تاغنىڭ چوققىسىنىڭ ئېتىكىدىكى پاسىلغىچە بولغان دائىرىسى «ئەڭ مۇقەددەس» بولىدۇ؛ مانا، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ قانۇنىدۇر.

## ئىبادەتخانىدا قىلىدىغان ئىبادەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى ـ قۇربانگاھ سىخېمىنى كۆرۈك

[13] قۇربانگاھنىڭ «چوڭ گەز»دە ئۆلچەنگەن ئۆلچەملىرى شۇنداق ئىدى: ــ بۇ گەز بولسا بىر گەز قوشۇلغان بىر ئالقان بولىدۇ. قۇربانگاھنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇلىنىڭ ئېگىزلىكى بىر گەز، كەڭلىكى بىر گەز، ئەتراپىدىكى گىرۋىكى بولسا بىر ئالقان ئىدى. مانا بۇ قۇربانگاھنىڭ ئۇلى ئىدى.
[14] ئۇنىڭ ئۇلىدىن ئاستىنقى تەكچىگىچە ئىككى گەز، كەڭلىكى بىر گەز ئىدى؛ بۇ «كىچىك تەكچە»دىن «چوڭ تەكچە»گىچە تۆت گەز، كەڭلىكى بىر گەز ئىدى؛ [15] قۇربانگاھنىڭ ئوت سۇپىسىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت گەز ئىدى؛ ئوت سۇپىسىدا تۆت مۈڭگۈز چوقچىيىپ چىقىپ تۇراتتى. [16] قۇربانگاھنىڭ ئوت سۇپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون ئىككى گەز، كەڭلىكى ئون ئىككى گەز بولۇپ، ئۇ تۆت چاسىلىق ئىدى. [17] يۇقىرى تەكچىگىچىمۇ تۆت چاسىلىق ئىدى، ئۇزۇنلۇقى ئون تۆت گەز، كەڭلىكى ئون تۆت گەز؛ ئەتراپىدىكى گىرۋىكى بولسا يېرىم گەز ئىدى؛ ئاستىنىڭ كەڭلىكى بىر گەز ئىدى؛ ئۇنىڭغا چىقىدىغان پەلەمپىيى شەرققە قارايتتى.

13:43 «**مانا بۇ قۇربانگاھنىڭ ئۇلى ئىدى**» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «قۇربانگاھنىڭ ئېگىزلىكى تۆۋەندە: ــ...»


شەرقتىن
پەلەمپەيلەر
چوڭ تەكچە - 1 گەز
كىچىك تەكچە - 1 گەز
قۇربانگاھنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇلى - 1 گەز
12²
14 گەز
16 گەز
كەڭلىكى 18 گەز
4
مۈڭگۈز
4 مۈڭگۈزلەر
ئېگىزلىكى 0.5 گەز
ئېگىزلىكى 4 گەز
ئوت سۇپىسى
4 گەز
چوڭ تەكچە
2 گەز
كىچىك تەكچە
1 گەز
قۇربانگاھنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇلى
بىر
ئالقانلىق
گىرۋەك
پېرىم گەزلىك
گىرۋەك
پەلەمپەيلەر

[18]ئۇ ماڭا شۇنداق دېدى: ــ ئى ئىنسان ئوغلى، رەب پەرۋەردىگار شۇنداق
دەيدۇ: بۇ قۇربانگاھ ئۇستىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى سۇنۇش ۋە
ئۇستىگە قان سېپىش ئۈچۈن ئۇنى ياسىغان كۈنىدە، شۇلار ئۇنىڭ
بەلگىلىمىلىرى بولىدۇ: ــ [19]سەن لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان، يەنى
مېنىڭ خىزمىتىمدە بولۇش ئۈچۈن ماڭا يېقىنلىشىدىغان زادوك
نەسلىدىكىلەردىن بولغان كاھىنلارغا گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە
ياش بىر تورپاقنى بېرىسەن؛ [20]سەن ئۇنىڭ قېنىدىن ئازراق ئېلىپ
قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە، چوڭ تەكچىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ھەم
ئەتراپىدىكى گىرۋەكلىرى ئۇستىگە سۈرىسەن؛ شۇنىڭ بىلەن سەن
ئۇنى پاكىزلاپ ۋە ئۇنىڭغا كەفارەت قىلىسەن.
[21]سەن گۇناھ قۇربانلىقى بولغان تورپاقنى ئېلىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى
«مۇقەددەس جاي»نىڭ سىرتىدا بولغان، ئىبادەتخانىدىكى ئالاھىدە
بېكىتىلگەن جايدا كۆيدۈرىسەن؛ [22]ئىككىنچى كۈنىدە سەن گۇناھ
قۇربانلىقى سۈپىتىدە بېجىرىم بىر تېكىنى سۇنىسەن؛ ئۇلار
قۇربانگاھنى تورپاق بىلەن پاكلاندۇرغاندەك تېكە بىلەن ئۇنى پاكلايدۇ.
[23]سەن ئۇنى پاكلىغاندىن كېيىن، سەن بېجىرىم ياش بىر تورپاق،
قوي پادىسىدىن بېجىرىم بىر قوچقارنى سۇنىسەن؛ [24]سەن ئۇلارنى
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا سۇنىسەن؛ كاھىنلار ئۇلارنىڭ ئۇستىگە تۇز
سېپىدۇ ۋە ئۇلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە
سۇنىدۇ. [25]يەتتە كۈن سەن ھەر كۈنى گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر
تېكىنى سۇنىسەن؛ ئۇلار بېجىرىم ياش بىر تورپاقنى، قوي پادىسىدىن
بېجىرىم بىر قوچقارنىمۇ سۇنىدۇ. [26]ئۇلار يەتتە كۈن قۇربانگاھ
ئۈچۈن كەفارەت قىلىپ ئۇنى پاكلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى پاك-
مۇقەددەس دەپ ئايرىيدۇ.
[27]بۇ كۈنلەر تۈگىگەندە، سەككىزىنچى كۈنى ۋە شۇ كۈندىن كېيىن،
كاھىنلار سىلەرنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭلارنى ۋە ئىناقلىق

---

**20:43 «شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنى پاكىزلاپ ۋە ئۇنىڭغا كەفارەت قىلىسەن»** ــ «كەفارەت قىلىش» توغرۇلۇق «لاۋ.» 3:1 ۋە ئىزاھاتنى، شۇنداقلا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

قۇربانلىقلىرىڭلارنى قۇربانگاھ ئۈستىگە سۇنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مەن سىلەرنى قوبۇل قىلىمەن، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## كاھىنلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى، ئىمتىيازلىرى

44
[1] ۋە ئۇ مېنى ئىبادەتخانىنىڭ شەرققە قارايدىغان دەرۋازىسىغا
ئاپاردى؛ ئۇ ئېتىكلىك ئىدى. [2] ۋە پەرۋەردىگار ماڭا: ــ بۇ
دەرۋازا ئېتىكلىك تۇرىدۇ؛ ئۇ ئېچىلمايدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن
كىرمەيدۇ؛ چۈنكى پەرۋەردىگار، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى ئۇنىڭدىن
كىرگەن؛ شۇڭا ئۇ ئېتىكلىك قالىدۇ. [3] پەقەت شاھزادە، شاھزادىلىك
سۈپىتى بىلەن شۇ دەرۋازىنىڭ كارىدورىدا ئولتۇرۇپ پەرۋەردىگار
ئالدىدا نان يېيىشكە بولىدۇ؛ ئۇ دەرۋازىنىڭ دالىنىدىن كىرىدۇ ۋە
شۇ يولدىن چىقىدۇ، ــ دېدى.
[4] ئۇ مېنى شىمالىي دەرۋازىدىن چىقىرىپ ئىبادەتخانىنىڭ
ئالدىغا ئاپاردى؛ مەن كۆردۈم، مانا، پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى تولدۇردى؛ مەن دۈم يىقىلدىم.
[5] ۋە پەرۋەردىگار ماڭا شۇنداق دېدى: ــ ئىنسان ئوغلى، مېنىڭ ساڭا
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ بارلىق بەلگىلىمىلىرى ھەم قانۇنلىرى
توغرۇلۇق ئېيتىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزۈڭ
بىلەن كۆر، قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلا؛ ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش يولى ۋە
مۇقەددەس جاينىڭ چىقىش يوللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئېسىڭدە تۇت.
[6] ئاندىن ئاسىيلارغا، يەنى ئىسرائىل جەمەتىگە شۇنداق دېگىن:
«رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭلارغا
بولدى بەس، ئى ئىسرائىل جەمەتى! [7] سىلەر بارلىق يىرگىنچلىك
قىلمىشلىرىڭلاردىن سىرت، ماڭا نان، قۇربانلىق مېيى ۋە قېنىنى

---

3:44 **«ئۇ دەرۋازىنىڭ دالىنىدىن كىرىدۇ...»** ــ دېمەك، شاھزادە شەرقىي دەرۋازىنىڭ كارىدورىغا هويلا ئارقىلىق دالاندىن ئۆتۈپ كىرىدۇ. نان يېگەندىن كېيىن ئۇ شۇ يول بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.
4:44 **«پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى»** ــ پۈتكۈل ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ.

سۇنغىنىڭلاردا، سىلەر يات ئادەملەرنى، قەلبىدە خەتنە قىلىنمىغان،
تېنىدە خەتنە قىلىنمىغانلارنى مېنىڭ مۇقەددەس جايىمدا، يەنى
مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇپ ئۇنى بۇلغاشقا كىرگۈزدۈڭلار؛ ئۇلار ئەھدەمنى
بۇزدى. [8] سىلەر مېنىڭ پاك-مۇقەددەس نەرسىلىرىمگە مەسئۇلىيەت
بىلەن سادىق بولماي، بەلكى مۇقەددەس جايىمدا ئۆزۈڭلارنىڭ ئورنىغا
مەسئۇل بولۇشقا يات ئادەملەرنى ئىشقا قويدۇڭلار».
[9] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئىسرائىل ئارىسىدا تۇرغان يات
ئادەملەردىن، يەنى قەلبىدە خەتنە قىلىنمىغان، تېنىدە خەتنە
قىلىنمىغان ھەرقانداق يات ئادەمنىڭ مېنىڭ مۇقەددەس جايىمغا
كىرىشىگە بولمايدۇ. [10] لېكىن ئىسرائىلنىڭ مەندىن ئېزىپ كېتىشى
بىلەن، مەندىن يىراقلىشىپ ئازغان، مەبۇدلىرىغا ئىنتىلگەن لاۋىي
جەمەتىدىكىلەر ئۆز قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ؛ [11] ھالبۇكى،
ئۇلار يەنىلا مۇقەددەس ئورنۇمدا، ئۆي دەرۋازىلىرىدا نازارەتچىلىك
قىلىدىغان ۋە ئۆي خىزمىتىدە بولىدىغان خىزمەتكارلار بولىدۇ؛
ئۇلار خەلق ئۈچۈن كۆيدۈرمە ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى سويىدۇ؛ ئۇلار
خەلقنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. [12] ئەمما خەلق
مەبۇدلىرىغا چوقۇنغاندا، ئۇلار خەلقنىڭ شۇ ئىشلىرىدا، ئۇلارنىڭ
خىزمىتىدە بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل جەمەتىنى
قەبىھلىككە ئېلىپ بارىدىغان پۇتلىكاشاڭ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن،
شۇڭا مەن ئۇلارغا قولۇمنى كۆتۈرۈپ قەسەم ئىچكەنمەنكى، ــ دەيدۇ رەب
پەرۋەردىگار، ــ ئۇلار قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. [13] شۇڭا ئۇلار
مەن ئۈچۈن كاھىنلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە مېنىڭ يېنىمغا يېقىن

---

10:44 **«... ئىسرائىلنىڭ مەندىن ئېزىپ كېتىشى بىلەن، مەندىن يىراقلىشىپ ئازغان، مەبۇدلىرىغا ئىنتىلگەن لاۋىي جەمەتىدىكىلەر ئۆز قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»** ــ لاۋىي جەمەتىدىكىلەر، يەنى لاۋىيلارنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئالاھىدە مەسئۇلىيىتى بولغان. تەپسىلاتلىرى تەۋراتنىڭ «مىسىردىن چىقىش»، «لاۋىيلار» ۋە «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» دېگەن قىسىملىرىدىن تېپىلىدۇ.

11:44 **«مۇقەددەس ئورنۇم»** ــ مۇشۇ يەردە «مۇقەددەس جاي» ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىبادەتخانىنى كۆرسەتسە كېرەك.

كەلمەيدۇ، ياكى مېنىڭ مۇقەددەس نەرسىلىرىمگە، «ئەڭ مۇقەددەس» نەرسىلىرىمگە يېقىن كەلمەيدۇ؛ ئۇلار بەلكى ئۆز خىجالىتىنى ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىشى كېرەك.[14] بىراق مەن ئۇلارنى ئۆيىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇلازىمىتىگە، ئۇنىڭ بارلىق خىزمىتىگە ۋە ئۇنىڭدا قىلىنىدىغان بارلىق ئىشلارغا مەسئۇل قىلىمەن.

## زادوك جەمەتىدىكى خۇداغا سادىق بولغان كاھىنلار توغرىسىدا

[15] بىراق ئىسرائىل مەندىن ئېزىپ كەتكەندە، ئۆز مۇقەددەس جايىمغا قاراشقا سادىق كاھىنلار، يەنى لاۋىيلار بولغان زادوكنىڭ ئەۋلادلىرى ــ ئۇلار خىزمىتىمدە بولۇشقا يېنىمغا يېقىن كېلىدۇ؛ ئۇلار قۇربانلىقلارنىڭ مېيىنى ۋە قېنىنى سۇنۇشقا مېنىڭ ئالدىمدا تۇرىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. [16] ئۇلار مۇقەددەس جايىمغا كىرىدۇ، مېنىڭ خىزمىتىمدە بولۇشقا داستىخىنىمغا يېقىن كېلىدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ تاپشۇرۇقۇمغا مەسئۇل بولىدۇ.

[17] ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار ئىچكى ھويلا دەرۋازىلىرىدىن كىرگەندە، كاناپ كىيىمنى كىيىشى كېرەك؛ ئىچكى ھويلا دەرۋازىلىرىدا ياكى مۇقەددەسخانا ئالدىدا خىزمەتتە بولغاندا، ئۇلاردا ھەرقانداق يۇڭدىن بولغان نەرسە بولمايدۇ؛ [18] بېشىغا كاناپتىن تىكىلگەن سەللە، بېلىنىڭ تۆۋىنىگە كاناپتىن تامبال كىيىدۇ؛ ئۇلار ئادەمنى تەرلىتىدىغان ھېچقانداق نەرسىنى كىيمەسلىكى كېرەك. [19] ئۇلار خەلقنىڭ ئالدىغا سىرتقى ھويلىغا چىققاندا، ئۇلار خىزمەت كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇلارنى مۇقەددەس «كىچىك

---

**18:44 «ئۇلار ئادەمنى تەرلىتىدىغان ھېچقانداق نەرسىنى كىيمەسلىكى كېرەك»** ــ «تەرلىتىدىغان» ياكى «تەر ئاققۇزىدىغان» كىيىم كاھىنلار ئۈچۈن بولمايدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولىدۇكى، ئادەمئاتىمىز گۇناھ سادىر قىلغاندىن كېيىن، خۇدا ئۇنىڭغا: «سەن پېشانەڭدىن تەر ئاققۇزۇشۇڭ بىلەن نېنىڭنى يەيسەن» دەپ لەنەت قىلغانىدى. خۇدانىڭ خىزمىتى ئۇنىڭ ئىلتىپاتى، كۈچ-قۇدرىتى بىلەن قىلىنمىسا بولمايدۇ؛ خۇدانىڭ نىجاتىدا ياكى خىزمىتىدە ئادەمنىڭ ئۆز «تىرىشچانلىقى»، ياكى ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھىنى ئەسلىتىدىغان «ئاققۇزغان تەر»نىڭ ھېچ ئورنى يوق.

خانىلار»غا قويۇپ قويىدۇ؛ ئۇلار خەلقنىڭ بۇ كىيىملىرىنىڭ
پاك-مۇقەددەسلىكىگە تېگىپ كېتىپ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى
ئۈچۈن باشقا كىيىملەرنى كىيىشى كېرەك. [20] ئۇلار چاچلىرىنى
چۈشۈرۈۋەتمەسلىكى، ياكى چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋەتمەسلىكى
لازىم؛ ئۇلار پەقەت قىسقا چاچ قويۇشى كېرەك. [21] ئىچكى هويلىغا
كىرگەندە هېچقايسى كاهىن شاراب ئىچمەسلىكى كېرەك.
[22] ئۇلار تۇل ياكى ئاجراشقان ئايالنى ئۆز ئەمرىگە ئالماسلىقى كېرەك؛
ئۇلار ئىسرائىل نەسلىدىن بولغان پاك قىزنى، ياكى كاهىندىن تۇل
قالغان ئايالنى ئېلىشقا بولىدۇ.
[23] ئۇلار خەلقىمگە پاك-مۇقەددەس بىلەن ئاددىينىڭ پەرقىنى ئۆگىتىدۇ،
ئۇلارغا هالال بىلەن هارامنى قانداق پەرق ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ.
[24] ئەرز-دەۋالاردا ئۇلار هۆكۈم چىقىرىش ئورنىدا بولىدۇ؛ ئۇلار بۇلارنىڭ
ئۈستىگە ئۆز هۆكۈملىرىم بويىچە هۆكۈم چىقىرىدۇ؛ مەن بېكىتكەن
بارلىق هېيت-بايراملىرىم توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمنى
تۇتىدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ «شابات كۈن»لىرىمنى پاك-مۇقەددەس دەپ
ئەتىۋارلىشى كېرەك.
[25] ئۆزىنى ناپاك قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۆلۈكنىڭ يېنىغا هېچ
بارماسلىقى كېرەك؛ هالبۇكى، ئۆلگەن ئاتىسى، ئانىسى، ئوغلى، قىزى،
ئاكا-ئۇكىسى ياكى ئېرى يوق ئاچا-سىڭلىسى ئۈچۈن ئۇلار ئۆزىنى ناپاك
قىلىشقا بولىدۇ. [26] ئۆزىنى پاكلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە
كۈن سانىلىشى كېرەك؛ [27] ئۇ مۇقەددەس جايغا كىرگەندە، يەنى مۇقەددەس
جايدا خىزمەتتە بولۇشقا ئىچكى هويلىغا كىرگەن شۇ كۈندە، ئۇ ئۆزى

---

19:44 **«ئۇلار خەلقنىڭ بۇ كىيىملىرىنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىگە تېگىپ كېتىپ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن باشقا كىيىملەرنى كىيىشى كېرەك»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولىدۇكى، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئاددىي پۇقرالارنىڭ كاهىنلارنىڭ خىزمەت كىيىملىرىگە تېگىش هوقۇقى يوق ئىدى. ئۇلار تەگكۈچى بولسا خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرايتتى. شۇڭا بۇ بەلگىلىمە پۇقرالارنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىمۇ يېڭى ئىبادەتخانىدىكى كاهىنلار ۋە ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

**22:44** لاۋ. 13،14:21

ئۇچۇن گۇناھ قۇربانلىقىنى سۇنۇشى كېرەك، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. [28] بۇ
ئۇلارغا مىراس بولىدۇ: ــ مەن ئۆزۈم ئۇلارغا مىراس بولىمەن؛ سىلەر ئۇلارغا
ئىسرائىل زېمىنىدىن ھېچقانداق ئىگىلىكنى تەقسىم قىلمايسىلەر؛
مەن ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى بولىمەن. [29] ئۇلار ئاشلىق ھەدىيەسى، گۇناھ
قۇربانلىقى ۋە ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقلىرىدىن يەيدۇ؛ ئىسرائىلدا
مەخسۇس خۇداغا ئاتالغان ھەرقانداق نەرسە ئۇلارنىڭكى بولىدۇ.
[30] تۇنجى چىققان ھەرقانداق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېسىلى، بارلىق ۋە
ھەرقانداق «كۆتۈرمە ھەدىيە»لەر كاھىنلار ئۈچۈن بولىدۇ. سىلەر ئارپا-
بۇغدىيىڭلارنىڭ ھوسۇلىنىڭ تۇنجى خېمىرىنى كاھىنغا تەقدىم
قىلىشىڭلار كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بەخت-بەرىكەت ئۆيىڭلارغا ئاتا
قىلىنىدۇ. [31] كاھىنلار ئۆزلۈكىدىن ئۆلگەن، ياكى يىرتقۇچلار بوغۇپ
قويغان ھېچقانداق ھايۋان ياكى ئۇچار-قاناتلاردىن يېيىشكە بولمايدۇ.

## زېمىندىن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولغان پارچە يەر 44:30-ئىزاھات، سخېمىنى ۋە خەرىتىنى كۆرۈڭ

45
[1] سىلەر زېمىننى مىراس قىلىپ بۆلۈش ئۈچۈن چەك تاشلاپ
تەقسىم قىلغىنىڭلاردا، سىلەر «كۆتۈرمە ھەدىيە» سۈپىتىدە
زېمىندىكى مۇقەددەس بىر ئۈلۈشنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سۇنىسىلەر.
ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا، كەڭلىكى يىگىرمە مىڭ
خادا بولىدۇ. بۇ پارچە يەر ھەر تەرەپتىكى چېگرىسىغىچە مۇقەددەس
ھېسابلىنىدۇ. [2] ئۇ يەردىن بەش مىڭ خادا ئۇزۇنلۇقتىكى، بەش مىڭ

---

**28:44** چۆل. 20:18؛ قان. 1:18

**30:44** **««كۆتۈرمە ھەدىيە»لەر»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە بەزى قۇربانلىقلاردىن ۋە خۇداغا ئاتالغان بەزى باشقا ھەدىيەلەردىن «كۆتۈرمە ھەدىيە»لەرنى مەخسۇس كاھىنلار ئۈچۈن ئايرىش كېرەك ئىدى («مىس.» 2:25-3نى كۆرۈڭ).

**30:44** مىس. 2:13؛ 29،30:22؛ چۆل. 11:18

**31:44** لاۋ. 8:22

**1:45** **«ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا»** ــ تەخمىنەن 78 كىلومېتر. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ گەز» ــ (يەنى 13 كىلومېتر) **«كەڭلىكى يىگىرمە**

خادا كەڭلىكتىكى تۆت چاسلىق يەر مۇقەددەس جايغا ئايرىلىدۇ؛
ئۇنىڭ ئەتراپىدا بوش يەر بولۇش ئۈچۈن ئەللىك گەزلىك كەڭلىكتىكى
يەر بۆلۈنىدۇ. [3] بۇ ئۈلۈشتىن سەن ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا،
كەڭلىكى ئون مىڭ خادا بولغان يەرنى ئۆلچەپ بۆلىسەن؛ بۇنىڭ ئىچى
مۇقەددەس جاي، ئەڭ مۇقەددەس جاي بولىدۇ.
[4] بۇ يەر زېمىنىنىڭ مۇقەددەس ئۈلۈشى بولىدۇ؛ ئۇ مۇقەددەس جاينىڭ
خىزمىتىدە بولغان، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا
يېنىغا يېقىن كېلىدىغان كاھىنلار ئۈچۈن بولىدۇ؛ ئۇ ئۇلارنىڭ
ئۆيلىرى ئۈچۈن، شۇنداقلا مۇقەددەس جاينىڭ ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن
مۇقەددەس ئورۇن بولىدۇ. [5] ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە
بەش مىڭ گەز، كەڭلىكى ئون مىڭ گەز بولغان يەر، ئۆينىڭ خىزمىتىدە
بولىدىغان لاۋىيلارنىڭ ئىگىلىكى، يەنى ئۆزلىرى تۇرىدىغان
شەھەرلىرى ئۈچۈن بولىدۇ. [6] سىلەر بۇ «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولغان
مۇقەددەس ئۈلۈشنىڭ يېنىدىن شەھەر ئۈچۈن كەڭلىكى بەش مىڭ
خادا، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا يەرنى بۆلۈپ بېكىتىسىلەر.
بۇ پۈتكۈل ئىسرائىل جەمەتى ئۈچۈن بولىدۇ. [7] شاھزادىنىڭ ئۈلۈشى
بولسا، بۇ مۇقەددەس ئۈلۈشنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۇتىشىدۇ،
شۇنداقلا شەھەرگە تەۋە جاينىڭ ئىككى تەرىپىگە تۇتىشىدۇ، يەنى
غەربىي تەرىپى غەربكە قارايدىغان، شەرق تەرىپى شەرققە قارايدىغان
ئىككى پارچە يەر بولىدۇ؛ بۇ پارچە يەرلەرنىڭ جەمئىي ئۇزۇنلۇقى
قەبىلىلەرنىڭ ئۈلۈشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن پاراللېل بولىدۇ. [8] بۇ يەر
شاھزادىنىڭ ئىسرائىل زېمىنىدىكى ئىگىلىكى بولىدۇ؛ ۋە مېنىڭ

---

**مىڭ خادا»** ــ تەخمىنەن 63 كىلومېتر. بىز مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدىكى LXX تەرجىمىسىگە ئەگەشمىدۇق. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە مىڭ گەز» ــ (يەنى 10.5 كىلومېتر).

2:45 **«ئۇ يەردىن بەش مىڭ خادا ئۇزۇنلۇقتىكى، بەش مىڭ خادا كەڭلىكتىكى تۆت چاسلىق يەر مۇقەددەس جايغا ئايرىلىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ يەردىن بەش مىڭ خادا ئۇزۇنلۇقتا، بەش مىڭ خادا كەڭلىكتە تۆت چاسلىق يەر مۇقەددەس جايغا ئايرىلىدۇ» دېيىلىدۇ.

6:45 **«شەھەر ئۈچۈن»** ــ يەنى يېرۇسالېم ئۈچۈن. [«كەڭلىكى بەش مىڭ خادا، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا» ــ ياكى «كەڭلىكى بەش مىڭ گەز، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ گەز»

شاھزادىلىرىم خەلقىمنى يەنە ھېچ ئەزمەيدۇ؛ زېمىن ئىسرائىل
جەمەتىگە، قەبىلىلىرى بويىچە بۆلۈپ تەقسىم قىلىنىدۇ.
[9] رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ بولدى بەس، ئى ئىسرائىل
شاھزادىلىرى! جەبىر-زۇلۇم ۋە بۇلاڭ-تالاڭنى ئۆزۈڭلاردىن نېرى
قىلىپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ ئادالەت يۈرگۈزۈڭلار؛ مېنىڭ
خەلقىمنى قايتا يېرىدىن ھەيدىۋەتكۈچى بولماڭلار، ــ دەيدۇ رەب
پەرۋەردىگار. [10] سىلەردە توغرا مىزان، توغرا ئەفاھ، توغرا «بات»
بولسۇن. [11] «ئەفاھ» ۋە «بات» بولسا بىر ئۆلچەم بولسۇن؛ شۇنىڭ
بىلەن بات خومېرنىڭ ئوندىن بىرىگە، ئەفاھ خومېرنىڭ ئوندىن
بىرىگە باراۋەر بولسۇن؛ خومېر بولسا ئۇلار ئىككىسى ئۈچۈن
ئۆلچەم بولسۇن. [12] بىر شەكەل بولسا يىگىرمە «گەراھ» بولسۇن.
يىگىرمە شەكەل، يىگىرمە بەش شەكەل، ئون بەش شەكەل قوشۇلۇپ
سىلەرگە «مىنا» بولىدۇ.

## شاھزادە ئۈچۈن «كۆتۈرمە ھەدىيە»

[13] بۇ سىلەرنىڭ شاھزادە ئۈچۈن «كۆتۈرمە ھەدىيە»ڭلار بولىدۇ؛ بىر
«خومېر» بۇغدايدىن ئالتىدىن بىر ئەفاھ بۇغداي، بىر «خومېر»
ئارپىدىن ئالتىدىن بىر ئەفاھ ئارپا سۇنىسىلەر؛ [14] زەيتۇن مېيى
بولسا، «بات» بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ھەربىر «كور»دىن ئوندىن بىر بات

**10:45 «ئەفاھ»** ــ قۇرۇق نەرسىلەرگە ئۆلچەم ئىدى، تەخمىنەن 27 لىتر ئىدى. **«بات»** ــ سۇيۇق نەرسىلەرگە ئۆلچەم، ئەفاھقا باراۋەر بولۇپ 27 لىتر ئىدى.
**10:45** لاۋ. 35،36:19
**11:45 «بات خومېرنىڭ ئوندىن بىرىگە، ئەفاھ خومېرنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر بولسۇن»** ــ «خومېر»نىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئېشەك كۆتۈرەلىگۈدەك يۈك» ئىدى ــ تەخمىنەن 220-300 لىتر.
**12:45 «شەكەل»** ــ كۈمۈشنىڭ (ياكى ئالتۇننىڭ) ئۆلچىمى بولۇپ، 11.4 گراممىغا باراۋەر ئىدى. **«مىنا»** ــ (ياكى «مانەھ») بىرخىل تەڭگە، 60 شەكەلگە باراۋەر ئىدى. ئەمدى نېمىشقا ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە «20، 25 ۋە 15 شەكەل»گە بۆلۈنۈشىنى ئانچە بىلمەيمىز. بەلكىم مۇشۇ بۆلۈنۈشى بىرخىل ئالدامچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.
**12:45** مىس. 13:30؛ لاۋ. 25:27؛ چۆل. 47:3

سۈننەتلەر (بىر «كور» ئون «بات» ياكى بىر «خومىر» بولىدۇ، چۈنكى ئون بات بىر خومىر بولىدۇ). [15] ئىسرائىلنىڭ سۈيى مول يايلاقلىرىدىن، ھەر ئىككى يۈز تۇياق پادىغا بىردىن پاخلان سۈننەتلەر ــ بۇلار بولسا، ئاشلىق ھەدىيەسى، كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئىناقلىق قۇربانلىقلىرى بولۇپ، ئىسرائىللار ئۈچۈن كەفارەت قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار. [16] زېمىندىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسرائىلنىڭ شاھزادىسىگە سۇنغان بۇ «كۆتۈرمە ھەدىيە»گە تۆھپىسى بولىدۇ. [17] شاھزادىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ھېيتلەرگە، «يېڭى ئاي»لارغا، «شابات كۈن»لەرگە، جۈملىدىن ئىسرائىل جەمەتىنىڭ بارلىق «ئىبادەت سورۇن»لىرىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار، ئاشلىق ھەدىيەلىرى ۋە شاراب ھەدىيەلىرىنى تەمىنلەشتىن ئىبارەت؛ ئىسرائىل جەمەتى ئۈچۈن كەفارەت ئېلىپ كېلىدىغان گۇناھ قۇربانلىقى، ئاشلىق ھەدىيەسى، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى تەمىنلىگۈچى دەل شۇ بولىدۇ.

## ھېيت-بايراملار توغرۇلۇق بەزى بەلگىلىمىلەر

[18] رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: ــ بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە سەن بېجىرىم ياش بىر تورپاقنى ئالغىسەن، ئۇنىڭ بىلەن سەن مۇقەددەس جايىنى پاكلايسەن. [19] كاھىن بۇ گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ قېنىدىن ئېلىپ ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىك كېشەكلىرىگە، قۇربانگاھنىڭ يۇقىرى تەكچىسىدىكى تۆت بۇرجەككە ۋە ئىچكى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ كىرىش يولىنىڭ كېشەكلىرىگە سۈرىدۇ؛ [20] شۇنىڭدەك يولدىن ئازغانلار ياكى نادانلار ئۈچۈن سەن شۇ ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىدە ئوخشاش ئىش قىلىشىڭ كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن سەن ئىبادەتخانا ئۈچۈن كەفارەت قىلىسەن.

[21] بىرىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنىدە سىلەر «ئۆتۈپ كېتىش»
ھېيتى، يەتتە كۈنلۈك بىر ھېيتنى ئۆتكۈزىسىلەر؛ پېتىر ناننى
يېيىش كېرەك. [22] شۇ كۈنى شاھزادە ئۆزى ۋە زېمىندىكى بارلىق
خەلق ئۈچۈن گۇناھ قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تورپاقنى سۇنىدۇ.
[23] ھېيتنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ ھەربىرىدە ئۇ پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە
قۇربانلىقنى، يەنى يەتتە كۈنىنىڭ ھەربىرىدە يەتتە تورپاق ۋە يەتتە
قوچقارنى، ھەممىسىنى بېجىرىم ھالدا سۇنىدۇ؛ ھەر كۈنى گۇناھ
قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكىنى سۇنىدۇ. [24] ئۇ ھەربىر تورپاققا
بىر ئەفاھ ئاشلىق ھەدىيەسىنى، ھەربىر قوچقارغا بىر ئەفاھ
ئاشلىق ھەدىيەسىنى قوشۇپ سۇنىدۇ؛ ھەربىر ئەفاھ ئۇنغا ئۇ بىر
خىن زەيتۇن مېيىنى قوشۇپ سۇنىدۇ. [25] يەتتىنچى ئاينىڭ ئون
بەشىنچى كۈنىدە باشلانغان ھېيتتا، ھېيتنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ
ھەربىرىدە ئۇ مۇشۇنداق گۇناھ قۇربانلىقلىرى، كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلار، ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى ۋە زەيتۇن مېيى قاتارلىقلارنى
ئوخشاش سۇنۇشى كېرەك.

## «شابات كۈن»لىرى ۋە «يېڭى ئاي»لار

46 [1] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئىچكى ھويلىنىڭ شەرققە
قارايدىغان دەرۋازىسى ئالتە «ئىش كۈنى»دە ئېتىكلىك بولىدۇ؛
بىراق شابات كۈنىدە ئۇ ئېچىلىدۇ؛ ۋە «يېڭى ئاي» بولغان كۈنلىرىدە
ئۇ ئېچىلىدۇ. [2] شاھزادە سىرتتىن شۇ دەرۋازىنىڭ دالىنىنىڭ يولى
بىلەن كىرىدۇ، ئۇ كىرىش ئېغىزىنىڭ كېشەك تېمى تۈۋىدە تۇرىدۇ؛

**21:45** مىس. 3:12؛ 15:23؛ لاۋ. 5:23؛ چۆل. 3:9؛ 16،17:28؛ قان. 1:16

**24:45** **«بىر خىن زەيتۇن مېيىنى»** ــ «بىر خىن» بەلكىم تەخمىنەن 6 لىتر.

**25:45** **«يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە باشلانغان ھېيت»** ــ يەنى «كەپىلەر ھېيتى» ياكى «كەپە تىكىش ھېيتى»

**25:45** لاۋ. 33:23؛ چۆل. 12:29؛ قان. 13:16

**1:46** **«شابات كۈنى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «شابات كۈنى» شەنبە كۈنى، دەم ئېلىش كۈنىدۇر.

كاھىنلار بولسا ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى، ئىناقلىق
قۇربانلىقلىرىنى سۇنىدۇ؛ ئۇ دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدا سەجدە قىلىدۇ
ئاندىن چىقىدۇ؛ بىراق دەرۋازا كەچكىچە ئېتىلمەيدۇ. [3] زېمىندىكى
خەلقمۇ شابات كۈنلىرىدە ۋە «يېڭى ئاي»لاردا شۇ دەرۋازىنىڭ كىرىش
ئېغىزىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ پەرۋەردىگار ئالدىدا سەجدە قىلىدۇ.
[4] شابات كۈنىدە شاھزادە پەرۋەردىگارغا سۇنغان قۇربانلىق بولسا ئالتە
بېجىرىم پاخلان، بىر بېجىرىم قوچقار بولىدۇ. [5] بۇلارغا قوشۇلىدىغان
ئاشلىق ھەدىيەلىرى قوچقارغا بىر ئەفاھ، پاخلانلارغا بولسا چامىنىڭ
يېتىشىچە بولىدۇ؛ ھەربىر ئەفاھ ئۇنغا ئۇ بىر ھىن زەيتۇن مېيىنى
قوشۇپ سۇنىدۇ.
[6] «يېڭى ئاي»نىڭ كۈنىدە ئۇ سۇنغان قۇربانلىق ياش بىر بېجىرىم
تورپاق، ئالتە پاخلان، بىر قوچقار بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېجىرىم
بولىدۇ. [7] بۇلارغا ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى قوشۇپ سۇنىدۇ؛ تورپاققا بىر
ئەفاھ، قوچقارغا بىر ئەفاھ، پاخلانلارغا چامىنىڭ يېتىشىچە بولىدۇ؛
ھەربىر ئەفاھ ئۇنغا بىر ھىن زەيتۇن مېيىنى قوشۇپ سۇنىدۇ. [8] شاھزادە
كىرگەندە، دەرۋازىنىڭ دالىنى بىلەن كىرىدۇ، ۋە شۇ يول بىلەن چىقىدۇ.
[9] زېمىندىكى خەلق ھېيت كۈنلىرىدە بېكىتىلگەن «ئىبادەت
سورۇن»لىرىغا پەرۋەردىگار ئالدىغا كىرگەندە، سەجدە قىلىشقا
شىمالىي دەرۋازىدىن كىرگەن كىشى جەنۇبىي دەرۋازىدىن چىقىدۇ؛
جەنۇبىي دەرۋازىدىن كىرگەن كىشى شىمالىي دەرۋازىدىن چىقىدۇ؛
ئۇ كىرگەن دەرۋازىدىن چىقمايدۇ، بەلكى ئۇدۇلىغا مېڭىپ چىقىدۇ.
[10] خەلق كىرگەندە شاھزادە ئۇلار بىلەن بىللە كىرىدۇ؛ ئۇلار چىققاندا،
بىللە چىقىدۇ.
[11] ھېيت-بايراملاردا ۋە «ئىبادەت سورۇن»لىرىدا بولسا، ئۇ قوشۇمچە
سۇنغان ئاشلىق ھەدىيەلىرى تورپاققا بىر ئەفاھ، قوچقارغا بىر
ئەفاھ، پاخلانلارغا بولسا چامىنىڭ يېتىشىچە بولىدۇ؛ ھەربىر
ئەفاھ ئۇنغا ئۇ بىر ھىن زەيتۇن مېيىنى قوشۇپ سۇنىدۇ. [12] شاھزادە
پەرۋەردىگارغا خالىس كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى ياكى خالىس ئىناقلىق

## ئىبادەتخانا، مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇشلىرى ۋە ئۆلچەملىرى



مۇقەددەسخانىدىن
چىققان ئېرىق
(ئەز. 1:47، يو. 3:18،
زەك. 8:14)



قۇربانلىقلىرىنى سۇناماقچى بولسا، ئەمدى شەرققە قارايدىغان دەرۋازا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىلىدۇ؛ شابات كۈنىدە قىلغاندەك، ئۇ ئۆز كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنى ۋە ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇنىدۇ؛ ئۇ قايتىپ چىقىدۇ؛ چىققاندىن كېيىن دەرۋازا ئېتىلىدۇ.

[13] ھەر كۈندە سەن پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە بىر ياشلىق بىجىرىم پاخلاننى سۇنىسەن؛ سەن ھەر ئەتىگىنى تەييارلاپ بېرىسەن. [14] ھەر ئەتىگەندە سەن ئۇنىڭغا قوشۇپ ئاشلىق ھەدىيەسى، يەنى ئۇندىن ئالتىدىن بىر ئەفاھ ۋە ئۇننى مايلاشقا زەيتۇن مېيىدىن ئۈچتىن بىر ھىن تەييارلايسەن؛ بۇ پەرۋەردىگارغا ئەبەدىي بەلگىلىمە بىلەن بېكىتىلگەن ئاشلىق ھەدىيەسى بولىدۇ. [15] ئۇلار ھەر ئەتىگەندە پاخلاننى، ئۇنىڭ ئاشلىق ھەدىيەسىنى زەيتۇن مېيى بىلەن ئەبەدىي كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنىدۇ.

## مىراسلار توغرۇلۇق بەزى بەلگىلىمىلەر

[16] رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ شاھزادە ئۆز مىراسىدىن ئوغۇللىرىنىڭ بىرسىگە سوۋغا قىلغان بولسا، ئەمدى ئۇ يەنە ئاشۇ ئوغلىنىڭ ئۆز ئوغۇل-ئەجدادلىرى ئۈچۈن بولىدۇ؛ مىراس يولى بويىچە ئۇ ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى بولىدۇ. [17] بىراق ئۇ ئۆز مىراسىدىن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ بىرىگە سوۋغا بەرگەن بولسا، ئۇ ئۇنىڭكى «ئازادلىق يىلى»غىچە بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ شاھزادىگە قايتۇرۇلىدۇ؛ شاھزادىنىڭ مىراسى ئەسلى ئۆز ئوغۇللىرىغىلا مەنسۇپ بولىدۇ. [18] ۋە شاھزادە خەلققە جەبىر-زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنى مىراسىدىن ھەيدىۋەتمەيدۇ؛ ئۇ ئوغۇللىرىغا ئۆز ئىگىلىكىدىن مىراس تەقسىم قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ خەلقىم ئۆز ئىگىلىكىدىن تارقىتىلمايدۇ.

---

17:46 **«ئازادلىق يىلى»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، «خالاس قىلىش يىلى» ياكى «بۇرغا چېلىش يىلى» ھەر 49 يىلدا بىر بولىدۇ، ئاشۇ يىلدا ھەر ئادەمنىڭ قەرزى خالاس قىلىنىدۇ، باشقىلارغا سېتىلغان مىراس-زېمىنلار ئۆز ئىگىسى ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا قايتۇرۇلىدۇ. («لاۋ.» 25-بابنى كۆرۈڭ).

## كاھىنلارنىڭ قۇربانلىقلاردىن ئالغان گۆشنى پىشۇرۇشى

[19] ئاندىن ھېلىقى كىشى مېنى شىمالغا قارايدىغان، كاھىنلار ئۈچۈن بولغان مۇقەددەس «كىچىك خانىلار»غا دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى كىرىش يولى بىلەن ئاپاردى؛ مانا، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدە مەخسۇس بىر جاي بار ئىدى؛ [20] ئۇ ماڭا: «بۇ كاھىنلار ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقلىرىنى ۋە گۇناھ قۇربانلىقلىرىنى قاينىتىدىغان ھەم ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى پىشۇرىدىغان جايدۇر؛ بۇ جاينى بېكىتىشتىكى مەقسەت، خەلقنىڭ بۇ ئاشلارنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىگە تېگىپ كېتىپ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ ئاشلارنى سىرتقى ھويلىغا ئېلىپ چىقمايدۇ. [21] ئۇ مېنى سىرتقى ھويلىغا ئاپىرىپ، مېنى ھويلىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن ئۆتكۈزدى؛ مانا، ھويلىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا كىچىك ھويلا بار ئىدى. [22] ھويلىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا، ئۇزۇنلۇقى قىرىق گەز، كەڭلىكى ئوتتۇز گەز بولغان توسما تاملىق ھويلىلار بار ئىدى؛ بۇ تۆت ھويلىنىڭ ئۆلچەملىرى ئوخشاش ئىدى. [23] بۇ تۆت ھويلا ئىچىدە ئەتراپىدا تاش تاختايلىق تەكچە بار ئىدى؛ تەكچە ئاستىدا ھەممە ئەتراپىدا قازان قاينىتىدىغان ئوت قالايدىغان جايلىرى بار ئىدى.

---

19:46 **«ئازادلىق يىلى»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن

20:46 **«بۇ كاھىنلار ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقلىرىنى ۋە گۇناھ قۇربانلىقلىرىنى قاينىتىدىغان ھەم ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى پىشۇرىدىغان جايدۇر... خەلقنىڭ بۇ ئاشلارنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىگە تېگىپ كېتىپ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ ئاشلارنى سىرتقى ھويلىغا ئېلىپ چىقمايدۇ»** ــ ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولىدۇكى، كاھىنلارنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلاردىن سىرت، ھەرخىل قۇربانلىقلاردىن ۋە «ھەدىيە»لەردىن بىر ئۈلۈشنى ئېلىپ يېيىش ھوقۇقى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ رەسمىي كىرىمى بولمىغاچقا، بۇ ئۈلۈشلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى باقاتتى. خەلق قۇربانلىقلىرى ۋە ئۈلۈشلىرىنى خۇداغا ئاتاپ سۇنغاندىن كېيىن، «مۇقەددەس» دەپ ھېسابلىنىپ، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇندا ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۇلارنى يېيىشى ياكى ئۇلارغا تېگىشى مەنئى قىلىنغان. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىمۇ بۇ قۇربانلىقلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

[24] ئۇ ماڭا: «٤بۇلار «گۆش قاينىتىش ئۆيلىرى»، مۇشۇ يەرلەردە ئۆيىنىڭ
خىزمىتىدە بولغانلار خەلقنىڭ قۇربانلىقلىرىنى قاينىتىدۇ» ــ دېدى.

## ھاياتلىق دەرياسى

27 [1] ھېلىقى كىشى مېنى ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىغا قايتا ئاپاردى. مانا،
ئىبادەتخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن سۇلار شەرققە قاراپ ئېقىپ
چىقىۋاتاتتى؛ چۈنكى ئۆيىنىڭ ئالدى شەرققە قارايتتى. سۇلار ئۆيىنىڭ
ئاستىدىن، ئوڭ تەرىپىدىن، قۇربانگاھنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن ئېقىپ
چۈشەتتى. [2] ئۇ مېنى شىمالغا قارايدىغان دەرۋازىسىدىن چىقاردى؛ ئۇ
مېنى ئايلاندۇرۇپ شەرققە قارايدىغان دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئاپاردى؛
مانا، سۇلار ئوڭ تەرىپىدىن ئېقىپ تۇراتتى.
[3] ھېلىقى كىشى قولىدا ئۆلچىگۈچ تانىنى تۇتۇپ، شەرققە قاراپ
ماڭدى؛ ئۇ مىڭ گەز ئۆلچىدى، ئاندىن مېنى سۇلاردىن ئۆتكۈزدى؛
سۇلار ئادەمنىڭ ئوشۇقىغا چىقاتتى.
[4] ئۇ يەنە مىڭ گەز ئۆلچىدى؛ ئاندىن مېنى سۇلاردىن ئۆتكۈزدى؛ سۇلار
ئادەمنىڭ تىزلىرىغا يەتتى. ئۇ يەنە مىڭ گەز ئۆلچىدى؛ ئاندىن مېنى
سۇلاردىن ئۆتكۈزدى؛ سۇلار ئادەمنىڭ بېلىگە چىقاتتى. [5] ئۇ يەنە مىڭ
گەز ئۆلچىدى؛ ئۇ مەن ئۆتەلمەيدىغان دەريا بولۇپ چىقتى؛ چۈنكى سۇلار
ئۆرلەپ كەتتى؛ ئۈنىڭدا سۇ ئۈزگىلى بولاتتى، ئۇ ئۆتكىلى بولمايدىغان
دەريا بولۇپ چىقتى. [6] ئۇ مەندىن: «ئىنسان ئوغلى، بۇنى كۆرگەنسەن؟»
دەپ سورىدى؛ ئاندىن مېنى دەريانىڭ قىرغىقىغا قايتۇرۇپ ئاپاردى.
[7] قىرغاققا قايتتىم، مانا، دەريانىڭ قىرغىقىدا، ئۇ ۋە بۇ قېتىدا،

---

**24:46 «مۇشۇ يەرلەردە ئۆيىنىڭ خىزمىتىدە بولغانلار خەلقنىڭ قۇربانلىقلىرىنى قاينىتىدۇ** ــ «قۇربانلىقلارنى قاينىتىش» توغرۇلۇق «لاۋ.» 7:31-36، 8:31-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ. لاۋىيلار ۋە كاھىنلارنىڭ خەلق ئاپارغان «ئىناقلىق قۇربانلىقى»لار، «گۇناھ قۇربانلىقى»لار ۋە «ئىتائەتسىزلىك قۇربانلىقى»لاردىن پارچە گۆش ئېلىپ يېيىش ھوقۇقى بار ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ قۇربانلىقنى سويۇپ سۇنۇشىدىكى «ئىش ھەققى» ئىدى.

**1:47 «ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى»** ــ «ئۆيى» مۇشۇ يەردە پۈتكۈل ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ.

**1:47** زەك. 8:14

ئىنتايىن كۆپ دەرەخلەر بار ئىدى.
[8] ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «بۇ سۇلار يۇرتنىڭ شەرقىگە چىقىدۇ؛ شۇ
يەردىن ئۇلار ئاراباھ تۈزلەڭلىكىگە چۈشۈپ، ئاندىن دېڭىزغا كىرىدۇ.
ئۇلار دېڭىزغا ئېقىپ كىرىشى بىلەن، دېڭىز سۇلىرى ساقايتىلىدۇ.
[9] ۋە شۇنداق بولىدۇكى، بۇ «جۈپ دەريا» قايسى يەرگە ئېقىپ كەلسە،
شۇ يەردىكى بارلىق سۇ ئۈزىدىغان جانىۋارلار ياشايدۇ؛ دېڭىزدا
نۇرغۇن بېلىقلار بولىدۇ؛ چۈنكى سۇلار شۇ يەرگە ئېقىپ كېلىدۇ، ۋە
دېڭىز سۇلىرى ساقايتىلىدۇ؛ دەريا نەگە ئاقسا، شۇ يەرنىڭ ھەممىسى
ھاياتقا ئىگە بولىدۇ. [10] ۋە شۇنداق بولىدۇكى، بېلىقچىلار دېڭىز
بويىدا تۇرىدۇ؛ ئەن-گەدىدىن ئەن-ئەگلائىمگىچە ئۇلارنىڭ تورلىرى
يېيىلىدىغان جايلىرى بولىدۇ؛ دېڭىز بېلىقلىرىنىڭ «ئوتتۇرا
دېڭىز»دىكىدەك بەك كۆپ سورتلىرى بولىدۇ؛ [11] بىراق ئۇنىڭ زەي-
سازلىقلىرى ساقايتىلمايدۇ؛ ئۇلار شورلۇق بولۇشقا تاپشۇرۇلىدۇ.
[12] دەريا بويىدا، ئۇ ۋە بۇ قېتىدا، ئوزۇق بولىدىغان ھەرخىل دەرەخلەر
ئۆسىدۇ. ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى سولاشمايدۇ، ئۇلار مېۋىسىز قالمايدۇ؛
ئۇلار ھەر ئايدا يېڭىدىن مېۋىلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇنى سۇغىرىدىغان
سۇلار مۇقەددەس جايدىن چىقىدۇ؛ ئۇلارنىڭ مېۋىسى ئوزۇق، ئۇلارنىڭ
يوپۇرماقلىرى دورا-دەرمانلار بولىدۇ.\

**7:47** ۋەھ. 2:22
**8:47** **«ئاراباھ تۈزلەڭلىكى»** ــ خەرىتىنى كۆرۈڭ. «ئاراباھ» دېگەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ جىلغىسى. **«دېڭىز»** بولسا «ئۆلۈك دېڭىز» ــ بۈگۈنگە قەدەر ئۇ دېڭىز ئىنتايىن تۈزلۈق بولغاچقا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق جانىۋار ياشىمايدۇ. بىراق بۇ سۇلار بىلەن ئۇنىڭ سۇلىرى ئاقار سۇ بولۇپ، نۇرغۇن بېلىق-ھايۋانلار ئۇلاردا ياشايدۇ.
**9:47** **«جۈپ دەريا»** ــ يۇقىرىقى ئايەتلەردە «بىر دەريا» تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن، نېمىشقا «جۈپ دەريا» دېيىلىدۇ؟ بۇنىڭ سىرلىق مەنىسى پەقەت تەۋراتتىكى «زەك.» 8:14-ئايەتتە يېشىلىدۇ. چۈنكى يەنە بىر دەريا ئىبادەتخانىدىن چىقىپ غەربىي تەرەپكىمۇ ئېقىپ «ئوتتۇرا دېڭىز»غا كىرىدۇ. «يو.» 18:3نىمۇ كۆرۈڭ.
**9:47** يو. 18:3
**12:47** ۋەھ. 2:22

## زېمىننى قەبىلىلەر ئۈچۈن بۆلۈش

[13]رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ تۆۋەندە ئىسرائىلنىڭ ئون
ئىككى قەبىلىسىگە زېمىن مىراس سۈپىتىدە بۆلۈنۈپ تەقسىم
قىلىنىپ چېگرالار ئايرىلىدۇ؛ يۈسۈپنىڭ قەبىلىسىگە ئىككى
ئۈلۈش بۆلۈنىدۇ. [14]مەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قەسەم
ئىچكەندەك، سىلەر بىر-بىرىڭلارغا باراۋەرلىك بىلەن زېمىننى مىراس
بولۇشقا بۆلىسىلەر؛ ئۇ سىلەرگە مىراس بولىدۇ.
[15]زېمىننىڭ تۆت تەرىپىنىڭ چېگراسى مۇنداق: شىمالىي تەرىپى،
«ئوتتۇرا دېڭىز»دىن باشلىنىپ خەتلوننىڭ يولىنى بويلاپ، زەداد
شەھىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغىچە بولىدۇ؛ [16]ئۇ خامات، بېروتاھ،
سىبرائىم (دەمەشق بىلەن خاماتنىڭ چېگرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا)،
ھاۋراننىڭ چېگرىسىدا بولغان خازار-ھاتتىكون شەھەرلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ؛ [17]شۇنىڭدەك «ئوتتۇرا دېڭىز»دىن باشلانغان چېگرا
ھازار-ئېنانغىچە سوزۇلىدۇ؛ ئۇ دەمەشقنىڭ چېگرىسىنى بويلاپ،
خاماتنىڭ شىمالىي رايونىنىڭ چېگراسىغا تۇتىشىدۇ؛ بۇ بولسا
شىمالىي تەرىپى بولىدۇ.
[18]شەرق تەرىپىنىڭ چېگرىسى، ھاۋران بىلەن دەمەشقنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن باشلىنىپ، گىلېئاد ۋە ئىسرائىل زېمىنىنى بۆلۈپ
تۇرىدىغان ئىئوردان دەرياسى بولىدۇ. سىلەر بۇنىڭدىن «ئۆلۈك
دېڭىز»غىچە مىراسلارنى بۆلۈپ ئۆلچەيسىلەر. بۇ بولسا شەرق تەرىپى
بولىدۇ. [19]جەنۇبىي تەرىپى بولسا، تامار شەھىرىدىن مېرىباھ-قادەش

---

**13:47** **«يۈسۈپنىڭ قەبىلىسىگە ئىككى ئۈلۈش بۆلۈنىدۇ»** ــ لاۋىي قەبىلىسى زېمىنغا ئىگە بولمايدۇ. يۈسۈپنىڭ ئىككى ئوغلى، ئەفرائىم ۋە ماناسسەھ، ئىككى قەبىلە ھېسابلىنىدۇ («يار.» 20-17:48نى كۆرۈڭ).

**14:47** يار. 7:12؛ 8:17؛ 3:26؛ 13:28

**18:47** **««ئۆلۈك دېڭىز»غىچە»** ــ ئىبرانىي تىلدا «شەرقىي دېڭىزغىچە». **«شەرق تەرىپىنىڭ چېگرىسى، ھاۋران بىلەن دەمەشقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلىنىپ، گىلېئاد ۋە ئىسرائىل زېمىنىنى بۆلۈپ تۇرىدىغان ئىئوردان دەرياسى بولىدۇ. سىلەر بۇنىڭدىن «ئۆلۈك دېڭىز»غىچە مىراسلارنى بۆلۈپ ئۆلچەيسىلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى:

دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرىغىچە، ئاندىن مىسىر ۋادىسىدىن «ئوتتۇرا دېڭىز»غىچە سوزۇلىدۇ. بۇ جەنۇبىي چېگرا بولىدۇ. [20] غەربىي تەرەپى بولسا «ئوتتۇرا دېڭىز»نىڭ ئۆزى، خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىغىچە بولىدۇ؛ بۇ غەربىي چېگرىسى بولىدۇ.

[21] سىلەر بۇ زېمىننى ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرى بويىچە ئۆز-ئاراڭلاردا ئۈلۈشۈشۈڭلار كېرەك. [22] شۇنداق بولۇش كېرەككى، سىلەر ئۆز-ئاراڭلار ۋە ئاراڭلاردا ئولتۇراقلاشقان، ئاراڭلاردا بالىلىق بولغان مۇساپىرلارغا ئۇنى مىراس بولۇشقا چەك تاشلاپ بۆلىسىلەر؛ ئۇلار سىلەرگە نىسبەتەن ۋەتىنىدە تۇغۇلغان ئىسرائىللارغا ئوخشاش بولۇشى كېرەك. ئۇلار سىلەر بىلەن تەڭ چەك تاشلاپ ئىسرائىل قەبىلىلىرى ئارىسىدىن مىراس ئالسۇن.

[23] مۇساپىر قايسى قەبىلە ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقان بولسا، سىلەر شۇ يەردىن ئۇنىڭغا مىراس تەقسىم قىلىسىلەر، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## شىمالىي تەرەپتىكى يەتتە قەبىلە

48 [1] تۆۋەندە قەبىلىلەر نامى بويىچە تىزىملىنىدۇ؛ شىمال تەرىپىدە دان قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشى بار. ئۇنىڭ چېگرىسى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شىمالىي چېگرىسىمۇ بولىدۇ؛ ئۇ خەتلوننىڭ يولىنى بويلاپ، خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىغىچە ۋە هازار-ئېنان شەھىرىگىچە سوزۇلغان (هازار-ئېنان دەمەشق چېگرىسىغا ياندىش بولۇپ، دەمەشقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى خامات شەھىرىنىڭ يېنىدا). ئۇنىڭ ئۈلۈشى شەرقتىن غەربكىچە سوزۇلغاندۇر.

[2] داننىڭ چېگرىسىغا ياندىش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن ئاشىر قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.

---

«سىلەر شەرقىي چېگرىسىدىن، يەنى هاۋران بىلەن دەمەشقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن، گىلېئاد ۋە ئىسرائىل زېمىنىدىن ۋە ئىئوردان دەرياسىدىن «ئۆلۈك دېڭىز»غىچە مىراسلارنى بۆلۈپ ئۆلچەيسىلەر».

1:48 **«خامات رايونىغا كىرىش ئېغىزىغىچە...»** ــ ياكى «لىبو-خامات شەھىرىگىچە...».

[3] ئاشىرنىڭ چېگرىسىغا يانداش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن نافتالى قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.
[4] نافتالىنىڭ چېگرىسىغا يانداش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن ماناسسەھ قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.
[5] ماناسسەھنىڭ چېگرىسىغا يانداش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن ئەفرائىم قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.
[6] ئەفرائىمنىڭ چېگرىسىغا يانداش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن رۇبەن قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.
[7] رۇبەننىڭ چېگرىسىغا يانداش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.

## ئوتتۇردىكى ئۈلۈش

[8] يەھۇدانىڭ چېگرىسىغا تۇتاشقان، شەرقتىن غەربكىچە سوزۇلغان زېمىن، سىلەرنىڭ «كۆتۈرمە ھەدىيە»ڭلار بولىدۇ؛ ئۇنىڭ كەڭلىكى يىگىرمە بەش مىڭ خادا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى قەبىلىلەرگە تەقسىم قىلىنغان ئۈلۈشتىكىدەك بولىدۇ؛ مۇقەددەس جاي ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.
[9] سىلەر پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولسا، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا، كەڭلىكى ئون مىڭ خادا بولىدۇ. [10] بۇ مۇقەددەس «كۆتۈرمە ھەدىيە» كاھىنلار ئۈچۈن بولىدۇ. شىمالىي تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا، غەربىي تەرىپىنىڭ كەڭلىكى ئون مىڭ خادا، شەرقىي تەرىپىنىڭ كەڭلىكى ئون مىڭ خادا، جەنۇبىي تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا بولىدۇ؛ پەرۋەردىگارنىڭ «مۇقەددەس جاي»ى ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.
[11] بۇ يەر زادوك ئەۋلادلىرىدىن بولغان، پاك-مۇقەددەس دەپ ئايرىلغان كاھىنلار ئۈچۈن بولىدۇ. ئىسرائىل ئېزىپ كەتكەندە، ئۇلار لاۋىيلار ئېزىپ كەتكەندەك ئېزىپ كەتمىگەن، بەلكى مەن تاپشۇرغان مەسئۇلىيەتكە سادىق بولغانىدى. [12] شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالاھىدە «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولغان يەر بولسا پۈتۈن «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولغان

«مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق سەلتەنتى»
-- قانائان زېمىنىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى




زېمىنىنىڭ ئىچىدىن بولۇپ، ئۇلارغا نىسبەتەن «ئەڭ مۇقەددەس بىر نەرسە» دەپ بېلىنىسۇن. ئۇ لاۋىيلارنىڭ ئۇلۇشىغا تۇتاشقان بولىدۇ.

12:48 «شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالاھىدە «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولغان يەر بولسا پۈتۈن «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولغان زېمىننىڭ ئىچىدىن بولۇپ، ئۇلارغا نىسبەتەن «ئەڭ مۇقەددەس بىر

[13] كاھىنلارنىڭ ئۈلۈشىنىڭ چېگرىسىغا تۇتاش بولغان يەر لاۋىيلارنىڭ
ئۈلۈشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا، كەڭلىكى
ئون مىڭ خادا. پۈتكۈل ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ خادا، كەڭلىكى
ئون مىڭ خادا بولىدۇ. [14] ئۇلار ئۇنىڭدىن يەرنى ھېچ ساتمايدۇ ياكى
ئالماشتۇرمايدۇ. ئۇلار بۇ زېمىننىڭ ئېسىلىنى باشقىلارغا ھېچ
ئۆتكۈزمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارغا مۇقەددەس دەپ ئاتالغان.
[15] قالغان يەر، كەڭلىكى بەش مىڭ خادا، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ
خادا، ئادەتتىكى يەر بولۇپ، شەھەر ئۈچۈن، يەنى ئۆيلەر ۋە ئورتاق بوش
يەر ئۈچۈن بولىدۇ. شەھەر ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. [16] شەھەرنىڭ
ئۆلچەملىرى مۇنداق بولىدۇ؛ شىمالىي تەرىپى تۆت مىڭ بەش يۈز
خادا، جەنۇبىي تەرىپى تۆت مىڭ بەش يۈز خادا، شەرقىي تەرىپى
تۆت مىڭ بەش يۈز خادا، ۋە غەربىي تەرىپى تۆت مىڭ بەش يۈز خاد
بولىدۇ. [17] شەھەرنىڭ بوش يەرلىرى بولسا، شىمالغا قارايدىغان تەرىپى
ئىككى يۈز ئەللىك خادا كەڭلىكتە، جەنۇبقا قارايدىغان تەرىپى
ئىككى يۈز ئەللىك خادا كەڭلىكتە، شەرققە قارايدىغان تەرىپى ئىككى
يۈز ئەللىك خادا كەڭلىكىدە، غەربكە قارايدىغان تەرىپى ئىككى يۈز
ئەللىك خادا كەڭلىكتە بولىدۇ. [18] قالغان ئىككى پارچە يەر مۇقەددەس
«كۆتۈرمە ھەدىيە» بولغان يەرگە تۇتىشىپ ئۇنىڭغا پاراللېل بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى شەرققە قارايدىغان تەرىپى ئون مىڭ خادا،
غەربكە قارايدىغان تەرىپى ئون مىڭ خادا؛ بۇلار مۇقەددەس «كۆتۈرمە
ھەدىيە» بولغان يەرگە تۇتىشىدۇ؛ بۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى شەھەرنىڭ
خىزمىتىدە بولغانلارنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. [19] ئۇنى تېرىيدىغانلار، يەنى
شەھەرنىڭ خىزمىتىدە بولغانلار ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى
ئىچىدىن بولىدۇ.
[20] پۈتكۈل «كۆتۈرمە ھەدىيە» بولسا ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش مىڭ
خادا، كەڭلىكى يىگىرمە بەش مىڭ خادا بولىدۇ؛ سىلەر بۇ تۆت

---

**نەرسە» دەپ بىلىنسۇن. ئۇ لاۋىيلارنىڭ ئۈلۈشىگە تۇتاشقان بولىدۇ»** — لاۋىيلارنىڭ ئۈلۈشى بۇ يەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولىدۇ؛ خەرىتىنى كۆرۈڭ.

چاسلىق مۇقەددەس «كۆتۈرمە ھەدىيە»گە شەھەرگە تەۋە جايلارنىمۇ قوشۇپ سۇنىسىلەر.

[21] مۇقەددەس «كۆتۈرمە ھەدىيە» بىلەن شەھەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرنىڭ ئۇ ۋە بۇ تەرىپىدىكى قالغان زېمىنلەر شاھزادە ئۈچۈن بولىدۇ. «كۆتۈرمە ھەدىيە»گە يانداش شەرقتىن شەرققە سوزۇلغان يىگىرمە بەش مىڭ خادا كەڭلىكتىكى يەر ۋە غەربتىن غەربكە سوزۇلغان يىگىرمە بەش مىڭ خادا كەڭلىكتىكى يەر قەبىلىلەرنىڭ ئۈلۈشلىرىگە پاراللېل بولۇپ، بۇلار شاھزادە ئۈچۈندۇر؛ مۇقەددەس «كۆتۈرمە ھەدىيە»، جۈملىدىن ئىبادەتخانىنىڭ مۇقەددەس جايى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، [22] شۇنىڭدەك لاۋىيلارنىڭ ئۈلۈشى ۋە شەھەرنىڭ ئىگىلىكىمۇ شاھزادىنىڭ تەۋەلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. يەھۇدانىڭ چېگرىسى ۋە بىنيامىننىڭ چېگرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان بۇ زېمىنلار شاھزادە ئۈچۈن بولىدۇ.

## جەنۇبىي تەرەپتىكى بەش قەبىلە

[23] قالغان قەبىلىلەرنىڭ ئۈلۈشلىرى بولسا: ــ بىنيامىن قەبىلىسى ئۈچۈن شەرقتىن غەرب تەرەپكە سوزۇلغان بىر ئۈلۈشى بولىدۇ.

[24] بىنيامىننىڭ چېگرىسىغا يانداش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن شىمېئون قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.

[25] شىمېئوننىڭ چېگرىسىغا يانداش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.

[26] ئىسساكارنىڭ چېگرىسىغا يانداش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.

[27] زەبۇلۇننىڭ چېگرىسىغا يانداش بولغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان زېمىن گاد قەبىلىسىنىڭ بىر ئۈلۈشىدۇر.

[28] گادنىڭ يان تەرىپى، يەنى جەنۇبىي تەرىپى، پۈتكۈل زېمىننىڭ جەنۇبىي چېگرىسى تامار شەھىرىدىن مېرىباھ-قەدەش دەرياسىنىڭ

ئېقىنلىرىغىچە، ئاندىن مىسىر ۋادىسىنى بويلاپ «ئوتتۇرا دېڭىز»غىچە سوزۇلىدۇ. [29]بۇ سىلەر ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىگە مىراس بولۇشقا چەك تاشلاپ بۆلىدىغان زېمىن بولىدۇ؛ بۇلار ئۇلارنىڭ ئۈلۈشلىرى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرى

[30]تۆۋەندە شەھەرنىڭ چىقىش يوللىرى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىنىڭ كەڭلىكى تۆت يۈز ئەللىك خادا بولىدۇ؛ [31]شەھەرنىڭ قوۋۇقلىرى ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ نامى بويىچە بولىدۇ؛ شىمالىي تەرىپىدە ئۈچ قوۋۇق بولىدۇ: بىرى رۇبەننىڭ قوۋۇقى بولىدۇ؛ بىرى يەھۇدانىڭ قوۋۇقى بولىدۇ؛ بىرى لاۋىينىڭ قوۋۇقى بولىدۇ؛ [32]شەرقىي تەرىپىنىڭ كەڭلىكى تۆت يۈز ئەللىك خادا، ئۇنىڭدا ئۈچ قوۋۇق بولىدۇ؛ بىرى يۈسۈپنىڭ قوۋۇقى بولىدۇ؛ بىرى بىنيامىننىڭ قوۋۇقى بولىدۇ؛ بىرى داننىڭ قوۋۇقى بولىدۇ. [33]جەنۇبىي تەرىپىنىڭ كەڭلىكى تۆت يۈز ئەللىك خادا، ئۇنىڭدا ئۈچ قوۋۇق بولىدۇ؛ بىرى شىمېئوننىڭ قوۋۇقى بولىدۇ؛ بىرى ئىسساكارنىڭ قوۋۇقى بولىدۇ؛ بىرى زەبۇلۇننىڭ قوۋۇقى بولىدۇ. [34]شەرقىي تەرىپىنىڭ كەڭلىكى تۆت يۈز ئەللىك خادا، ئۇنىڭدا ئۈچ قوۋۇق بولىدۇ؛ بىرى گادنىڭ قوۋۇقى بولىدۇ؛ بىرى ئاشىرنىڭ قوۋۇقى بولىدۇ؛ بىرى نافتالىنىڭ قوۋۇقى بولىدۇ.

[35]جەمئىي بولۇپ ئۇنىڭ ئايلانمىسى ئون سەككىز مىڭ خادا بولىدۇ؛ شۇ كۈندىن باشلاپ شەھەرنىڭ نامى: «پەرۋەردىگار شۇ يەردە» بولىدۇ.

# قوشۇمچە سۆز

تۆۋەندە بىز كىتابتىكى ھەممە باب-ئايەت ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى كىتابنىڭ بەزى ئالاھىدە قىزىق نۇقتىلىرى ۋە بەزى بايانلاردىن تۇغۇلغان سوئاللار ئۈستىدە بايقىغىنىمىزنى قوشۇمچە بايان قىلىمىز.

## تۆت ھايات مەخلۇق (كېرۇبلار) (1-باب)

بىرىنچى كۆرۈنۈشتە كېرۇبلار تۆت قاناتلىق كۆرۈنىدۇ. مۇسا پەيغەمبەر تىكلىگەن «مۇقەددەس چېدىر»دا، سۇلايمان پادىشاھ قۇرغان ئىبادەتخانىدا ئۇلار «ئىككى قاناتلىق» دەپ سۈرەتلىنىدۇ. ئۇلار تۆت يۈزى تەرتىپ بويىچە ئىنساننىڭ، شىرنىڭ، بۇقىنىڭ ۋە بۈركۈتنىڭ كۆرۈنۈشىدە بولىدۇ. ئىككىنچى ئەسىردىن تارتىپ ئىنجىل ئالىملىرى مۇشۇ «تۆت يۈزى»دە مەسىھ ئەيسانىڭ تەرجىمىھالىنى تەسۋىرلەيدىغان ئىنجىلدىكى «تۆت بايان» تەكىتلەيدىغان مەسىھنىڭ تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يەتتى: —

(1) ئىنسان: «لۇقا»نىڭ بايانى — مەسىھ ئەيسانىڭ تولۇق ئىنسان ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئەرشتىكى ئاتىسىغا تايىنىشى، ئىچ-باغرىدىكى ھېسسىياتلىرىنى ۋە دۇئالىرىنى تەكىتلەيدۇ؛

(2) شىر: تەۋرات بويىچە شىر «ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى» («پەند.» 30:30): — «ماتتا»نىڭ بايانى — مەسىھ ئەيسانىڭ «ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى»، «يەھۇدا قەبىلىسىدىن چىققان شىر» سۈپۈتىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكىتلەيدۇ؛

(3) بۇقا — ئىبىر ئەمگەك قىلىدىغان ھايۋان: — «ماركۇس»نىڭ بايانى، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان كىچىك پېئىللىق خىزمىتىنى تەكىتلەيدۇ («مار.» 45:10نى كۆرۈڭ).

(4) بۈركۈت — ھەممىدىن يۇقىرى پەرۋاز قىلىدۇ: — «يۇھاننا»نىڭ بايانى، مەسىھنىڭ خۇدالىق تەبىئىتىنى تەكىتلەيدۇ؛ مەسىلەن 31:3 — «يۇقىرىدىن كەلگەن زات ھەممىدىن يۇقىرىدۇر».

## 390 كۈن ۋە 40 كۈن (8-1:4)

بېشارەتتە ھەر بىر كۈن بىر يىلنى كۆرسىتىدۇ؛ بىراق بۇ مەزگىللەر نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىرنېمە دېمەك تەس؛ «ئىسرائىل ئۈچۈن 390 كۈن» (390 يىل) بەلكىم ئۇلارنىڭ يەھۇدادىن (جەنۇبىي پادىشاھلىق)، شۇنىڭدەك داۋۇت جەمەتىنىڭ پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 930-يىلى)؛ ئايىغى بەلكىم پارس ئىمپېراتورى قورەشنىڭ بابىلدا ۋە ئۇلارغا بېقىندى ئەللەردە قالغان سۈرگۈن بولغانلارنى ھۆر قىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ۋاقىت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540- ياكى 539-يىلى بولىدۇ، جەمئىي 390 يىل بولىدۇ. بۇ مەزگىل ئىسرائىلنىڭ ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى ئاستىدا سۈرگۈن بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۇ ئېغىر دەرد-ئەلەملىك ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە؛ بىراق يەھۇدا ۋە يەھۇدانىڭ پادىشاھلىرىدىن ئايرىلىشمۇ دەردلىك ئىش ۋە جازا ئىدى؛ چۈنكى ئاسۇرىيە تاجاۋۇز قىلغۇچە، ئۇلارنىڭ يىگىرمە پادىشاھىدىن بىرىمۇ ھەققانىي بولمىدى. يەھۇدانىڭ جازاسىنى كۆرسىتىدىغان 40 كۈن (40 يىل) بەلكىم ئىسرائىلنىڭ 390 يىلىنىڭ ئاخىرقى 40 يىل بىلەن تەڭ ئۆتۈپ، يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران قىلىنىشى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى) بىلەن باشلىنىپ، پارس ئىمپېراتورى قورەشنىڭ سۈرگۈن بولغانلارنى ھۆر قىلىشى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540- ياكى 539-يىلى)غىچە داۋاملاشقان ـ ئەمما بۇ ۋاقىت 40 يىل ئەمەس، بەلكى 47 يىل ئىدى. ھالبۇكى، نېبوقادنەسارنىڭ يەتتە يىل ساراڭ بولغان ۋاقتىنى بۇنىڭدىن چىقىرىۋەتسەك 40 يىل بولىدۇ، ۋە بۇنداق قىلىشىمىز بەلكىم توغرا بولىدۇ؛ مۇمكىنچىلىكى باركى، بۇ ۋاقىتتا بابىل، جۈملىدىن ئىسرائىللار دانىيال پەيغەمبەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتاتتى. بۇگۈنكە قەدەر مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش بۇ سىرلىق سانلارغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان تەبىر.

يەنە ئىككى ئورۇنلۇق چۈشەندۈرۈش باركى، بەزى ئالىملار ئەزاكىيال ياتقان بۇ 430 كۈننى، 430 يىلنى كۆرسىتىپ بېشارەت بېرىدۇ، كەلگۈسىدە ئىسرائىلنىڭ يات ئەللەرگە بېقىنىدىغان ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ، يەنى ئۇلار 430 يىلنى: ـ

(1) نېبوقادنەسارنىڭ ئىسرائىللارنىڭ كۆپ قىسمىنى بابىلغا سۈرگۈن قىلىشىدىن تارتىپ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 597-يىلىدىن تارتىپ) «ماككابىيلار» (يەھۇدىي

ۋەتەنپەرۋەرلەر) ئىسرائىللارنىڭ گرېك ئىمپېرىيەسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى تاشلاپ ئىسيان كۆتۈرگىنىگىچە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 167-يىلى) بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

(2) نىبوقادنەسارنىڭ يېرۇسالېمنى مۇتلەق ۋەيران قىلىشىدىن تارتىپ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 586-يىلىدىن تارتىپ) «ماككابىيلار» گرېك ئىمپېرىيەسىدىن مۇستەقىل بولۇپ، «يەھۇدىي مۇستەقىللىقى» بەرپا قىلىنغۇچە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 158-يىلى) بولغان ۋاقىت، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەگەر بۇ كۈنلەردە پەيغەمبەر بېشىنى يېرۇسالېمغا قارىتىپ، شەرق-غەرب تەرەپلەرگە سوزۇلۇپ ياتقان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىسرائىلغا مۇناسىۋەتلىك 390 كۈنلۈك «سول يانپاشلاپ يېتىش»ى ئىسرائىلغا (شىمالىي پادىشاھلىقا) يۈزلىنەتتى؛ يەھۇداغا مۇناسىۋەتلىك 40 كۈنلۈك «ئوڭ يانپاشلاپ يېتىش»ى بولسا يەھۇداغا يۈزلىنەتتى.

## 18 ۋە 33-باب - «گۇناھ سادىر قىلغۇچى جان ئىگىسى ئۆلىدۇ.»

18-بابتا بىرنەچچە مۇھىم پرىنسىپلار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلاردىن بىرى 20-ئايەتتە قىسقارتىپ ئېيتىلىدۇ: «گۇناھ سادىر قىلغۇچى جان ئىگىسى ئۆلىدۇ. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ، ۋە ياكى ئاتا ئوغلىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ؛ ھەققانىي كىشىنىڭ ھەققانىيلىقى ئۆز ئۈستىدە تۇرىدۇ، رەزىل كىشىنىڭ رەزىللىكى ئۆز ئۈستىدە تۇرىدۇ».

بۇنداق ئېيتىش، «ئۆز ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ بالىلارغا كېلىدىغان ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ» دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە: «مەنكى پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ۋاپاسىزلىقا ھەسەت قىلغۇچى خۇدادۇرمەن. مەندىن نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئۆزلىرىگە، ئوغۇللىرىغا، ھەتتا نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە چۈشۈرىمەن...» («مىس.»

(5:20) دېگەندى. بۇ ئىككى باياننى سېلىشتۇرۇش پايدىلىق. بۇ ئىككى باياننى سېلىشتۇرغاندا، ئۇنداقتا «(ئاتىلارنىڭ) قەبىھلىكلىرىنى ... ئوغۇللىرىغا ... چۈشۈرۈش» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

مۇقەددەس كىتابتىكى «جازا» دېگەن سۆزنىڭ ھەرخىل مەنىسى ئۈستىدە ئويلىنىش پايدىلىق ئىشتۇر. مۇقەددەس كىتابنىڭ ھەر يەرلىرىدىن روشەنكى، خۇدانىڭ بىزنىڭ ھەتتا بىرلا گۇناھىمىز ئۈستىگە ئادىل، تېگىشلىك جازاسى دوزاختۇر ــ بۇ بولسا خۇدادىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن مەھرۇم بولۇش دېگەنلىك، بۇ «مەڭگۈلۈك ئۆلۈم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (ھەر جايدا تەكرارلىغىنىمىزدەك، خۇش خەۋەر شۇكى، بىزدە كەچۈرۈم ـ مەغپىرەت ۋە نىجات پۈرستى بولسۇن دەپ، ئەيسا مەسىھ ھەممىمىزنىڭ بارلىق گۇناھىمىزنىڭ جازاسىنى ئۆز تېنى ۋە روھىدا كۆتۈرۈپ قوبۇل قىلغان). «مىس.» 20:5تە «قەبىھلىكلىرىنى چۈشۈرۈش» ياكى «جازالىرىنى يەتكۈزۈش» (ئىبرانىي تىلىدا «پاخاد»)نىڭ كۆپ تەرەپلىك مەنىسى بار. ئاساسىي مەنىسى: «يوقلاش»تۇر. خۇدا بىزنى «يوقلىسا»، توۋا قىلمىغان بولساق نەتىجىسى «جازا» بولىدۇ؛ توۋا قىلغان بولساق «يوقلاش»نىڭ نەتىجىسى بەخت ـ بەرىكەت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەتتە «يوقلاش»نىڭ مەنىسى چوقۇم «جازا»نى ئىپادىلىشى كېرەك. ھالبۇكى، ئەگەر مۇشۇ يەردە مەنىسى «تولۇق جازا» بولسا، ئۇنداقتا نەتىجىسى باللار ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخقا چۈشۈشى كېرەك ئىدى. ئۇنداقتا ھېچقايسىمىزدا ئۈمىد يوق بولاتتى. بىراق «جازا» بەزى ۋاقىتلاردا تولۇق مەنىسىدە ئەمەس، باشقىچە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۇ «تەربىيە» مەنىسىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن؛ مەسىلەن، ئاتا ئۆز باللىرىنى تەربىيە ئۈچۈن جازالىغىنىدا: «بالامنى قانداق جازالىسام ئادىل بولار؟» دەپ ئويلىمايدۇ، بەلكى «قانداق جازا ئۇنىڭ ئۈچۈن ساۋاق، تەربىيە بولار؟» دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە تەۋراتنىڭ كۆپ يەرلىرىدە «جازا» شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، شۇ يەرلەردە «جازا» خۇدانىڭ ئادەمنى دوزاخقا چۈشۈرىدىغانلىقىنى، يەنى «گۇناھقا تېگىشلىك ۋە ئادىل بولغان جازا»سىنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئەمدى «مىسىردىن چىقىش» 5:20گە كەلسەق، ئاتىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ بەزى نەتىجىلىرى باللىرىغا چۈشىدۇ، دېگىلى بولىدۇ. «ئەزاكىيال» 20:18 بىلەن سېلىشتۇرساق تۆۋەندىكى خۇلاسىلەرگە كېلىشكە توغرا كېلىدۇ: ــ

(1) ئاتىنىڭ گۇناھلىرى بالىلارغا شۇ جەھەتتە تەسىر يەتكۈزىدۇكى، بالىلار ئاتىنىڭ گۇناھلىرىنى كۆرۈپ ئۆلارنى دورىسا، ئاتىلىرىغا بولغان جازا بولىدۇ؛ شۇ يولدا بەزى چاغلاردا ئاتىلار بالىلىرى ئارقىلىق ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجە-مېۋىسىنى كۆرىدۇ ۋە تېتىيدۇ، ھەمدە قىلمىشلىرىنىڭ يىرگىنچلىكىنى كۆرۈپ توۋا قىلىشى مۇمكىن.

(2) ئاتىنىڭ گۇناھلىرى بالىلارغا يەنە بىر جەھەتتىن تەسىر يەتكۈزىدۇكى، بالىلار بۇ دۇنيادا ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن جاپا تارتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر هاراقكەش دادا بولسا، ئۇ پۇلنى هاراقتا بۇزۇپ چاچسا، بالىلىرى ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەزاكىيال ئۆزىمۇ بىر مىسال ـ ئۆز خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇ ئامالسىز سۈرگۈن بولغان. باشقا مىساللاردىن يەنە ئىككىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەۋرات، «2سام.» 1:12-25، ۋە «يەشايا پەيغەمبەر» 5:39-8 ئايەتلەرنىمۇ كۆرۈڭ. بىرىنچىدىن، ناتان پەيغەمبەرنىڭ داۋۇت پەيغەمبەرنى گۇناھلىرى ئۈچۈن ئەيىبلىگىنىنى، گۇناھلىرىنىڭ ئاقىۋىتى جۈملىدىن داۋۇتنىڭ يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋىقىنىڭ دۇنيادىن كەتكىنىنى، ئىككىنچىدىن ھەزەكىيا پادىشاھنىڭ تەكەببۇرلىشىپ كەتكىنىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە يەتكۈزگەن زىيانلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

(3) «ئەزاكىيال» 20:18 بىلەن سېلىشتۇرساق، ئەمدى ئەزاكىيالنىڭ: «ئوغۇل ئاتىسىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ، ۋە ياكى ئاتا ئوغلىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ» دېگەن باياندا، «جازا» ئۆزىنىڭ تولۇق مەنىسىدە، يەنى روھىي، مەڭگۈلۈك ھايات-مامات جەھەتتە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. ئاتىنىڭ گۇناھلىرى بولسا، ئوغلىنىڭ توۋا قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىپ يېتىشىگە توسالغۇ بولمايدۇ، ۋە شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا توۋا قىلماسلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق باھانە بولالمايدۇ. ئوغۇل ئۆز گۇناھىغا توۋا قىلسا، ئۇنىڭ خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشىغا، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشىگە ھېچقانداق توسالغۇ مەۋجۇت ئەمەس. «گۇناھ سادىر قىلغۇچى جان ئىگىسى ئۆلىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى، ئىزاھلىغىنىمىزدەك، جىسمانىي جەھەتتىكى ئۆلۈمدىن باشقا بىر ئۆلۈشنى كۆرسىتىشى كېرەك. ھەممىمىز ئۆلىمىز ـ بىراق شۇ چاغدا بىز خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆلسەك بۇ ھەقىقىي ئۆلۈمدۇر. ئوخشاشلا «رەزىل كىشى بارلىق سادىر قىلغان گۇناھلىرىدىن يېنىپ توۋا قىلىپ، مېنىڭ بارلىق

بەلگىلىمىلىرىمنى تۇتۇپ، ئادىللىق ھەم ئادالەتنى يۈرگۈزىدىغان بولسا، ئۇ جەزمەن ھايات بولىدۇ، ئۇ ئۆلمەيدۇ» (21:18) ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ئايەتلەردىمۇ كۆرسىتىلگەن «ھايات»مۇ پەقەت «ئۆلۈمدىن ئامان قېلىش» ياكى «تۇرمۇشنىڭ داۋامى»نى ئەمەس، بەلكى «ئالىي دەرىجىدىكى بىر ھايات»نى، «ھەقىقىي ھايات»نى كۆرسىتىشى كېرەك. بۇ دەل ئىنجىل بىزگە يەتكۈزگەن تەلىم: «مانا مەڭگۈلۈك ھايات ــ ئۇ بولسىمۇ، سەن ھەقىقىي خۇدانى ھەم سەن ئەۋەتكەن ئەيسا مەسىھنى تونۇشتىن ئىبارەتتۇر» («يۇھ.» 3:17). مەڭگۈلۈك ھايات جىسمانىي ئۆلۈم بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىمانىڭ پەيدا بولغان دەقىقىسى بىلەن باشلىنىدۇ؛ ئۇ پەقەت «ياشاشنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋامى»لا ئەمەس، بەلكى تىرىك خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن ئىبارەتتۇر.

بىز يەنە 18- ۋە 33-بابلاردىن شۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، ئىمان-ئىشەنچ (مەيلى خۇداغا، ئۆزىمىزگە ياكى باشقىلارغا باغلانغان بولسۇن) بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ <u>يۆنىلىشىدۇر</u>. كۆرۈنۈشتە ھەققانىي ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ياخشى بىر باشلىنىشى بولسىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئاخىرقى يۆنىلىشى رەزىللىك بولسا، ئۇ رەزىل دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كۆرۈنۈشتە رەزىل بىر ئادەم ئۆز گۇناھلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ھاياتىنى بۇراپ ئۆزگەرتىشكە باشلىسا ــ ھارام يولدا ئالغىنىنى ئىگىسىگە قايتۇرسا، باشقىلارغا مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىشكە باشلىسا ــ ئۇ ھەققانىي ئادەم دەپ ھېسابلىنىدۇ. خۇداغا باغلانغان ھەقىقىي ئىمان-ئىشەنچ ھەققانىي ھاياتنىڭ يۆنىلىشى بارلىق تەرەپلەردە، يەنى خۇداغا قاراپ ئىبادەت قىلىشتا، ئىنسانغا قاراپ مېھرىبانلىق ۋە سەمىمىي مۇئامىلە كۆرسىتىشتە كۆرۈنىدۇ. شۇنداق ئىشلار خۇدا بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋەتنىڭ نەتىجىسى، يېڭى قەلب، يېڭى روھنىڭ مېۋىسىدۇر (31:18) ۋە ئىمان-ئىشەنچنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئىسپاتلايدۇ؛ ئۇلار ھەرگىز ئادەمنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بولغان تىرىشىشلىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ. ھەتتا ئېتىقادنىڭ بۇ مېۋىلىرىنىڭ ئۆزىگىمۇ تايىنىشقا بولمايدۇ (13:33)؛ ھەققانىي ئادەمنىڭ ئىمان-ئىشەنچى ھەرگىز ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقىغا ئەمەس، بەلكى تىرىك خۇدانىڭ ئۆزىگە باغلىنىدۇ («ھاب.» 7:2، «رىم.» 17:1).

## ئۆزۈم تېلى توغرۇلۇق تەمسىل توغرىسىدا (15-باب)

ئىسرائىل ياكى يېرۇسالېم ئورمانلىقنىڭ دەرەخلىرى ئارىسىدىكى بىر ئۆزۈم تېلىغا ئوخشىتىلىدۇ. بۇ ئوخشىتىشنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۆزۈم تېلىنىڭ ياخشى مېۋە بېرىشتىن سىرت ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر. ئۇنىڭ ياغىچىنىڭ ئادەتتىكى يېقىلغۇ بولۇشتىن باشقا، ھېچقانداق ئىشلىتىلىدىغان جايى يوقتۇر. خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان بىردىنبىر مەقسىتى: ئۇلارنىڭ مېۋە بېرىشى ــ بۇ مېۋە بولسا ئۇنىڭ ھەققانىي ئادەملەردىن ھۇزۇر ئالىدىغىنى، يەنى ئۇلارنىڭ خۇداغا باغلىغان مۇھەببىتى، باشقىلارغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىدۇر. بۇ مېۋە بولمىسا، ئىسرائىل بولغان «ئۆزۈم تېلى»نىڭ يېقىلغۇ بولۇشتىن باشقا پايدىسى يوقتۇر.

بۇ ئوخشىتىش مەسىھ ئەيسانىڭ: «مەن ئۆزۈم ھەقىقىي ئۆزۈم تېلىدۇرمەن» دېگەن سۆزىنى ئېسىمىزگە كەلتۈرىدۇ («يۇھاننا» 15-باب). ئىسرائىل «مېۋىسىز ئۆزۈم تېلى» بولغان، لېكىن «ھەقىقىي ئۆزۈم تېلى» بولغۇچى، خۇداغا مېۋە بەرگۈچى كەلدى؛ ئۇ بولسا مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر. مەسىھكە ئېتىقاد باغلىساق، ئۇنىڭغا («شاخ ئۆزۈم تېلىغا ئۇلانغاندەك») ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر بولساق، بىزمۇ «ئۆزۈم تېلىنىڭ شاخلىرى» سۈپىتىدە خۇداغا مېۋە بېرىمىز.

## ۋەدىمىزدە چىڭ تۇرۇش (13:17-16، 18-19)

ئىزاھلىغىنىمىزدەك، مۇشۇ يەردە يەنە تەكرارلايمىزكى، ئىسرائىل پادىشاھى زەدەكىيانىڭ نىبوقادنەسار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى خۇدا تەرىپىدىن: «مېنىڭ ئەھدەم» دەپ قارىلاتتى (19-ئايەت). بۇ سۆزنىڭ مۇھىم تېگى بار. بەزى ئادەملەر: «ئىشەنگۈچىلەر ئىمانسىزلار، «كاپىرلار» ۋە بۇتپەرەسلەر بىلەن بىركتكەن ۋەدە-ئەھدىلىرىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ ئويلايدۇ. بىراق بىز بۇ يەردىن خۇدانىڭ ئۆز مۆمىن بەندىلىرىدىن، ئۇلارنىڭ باشقا ھەممە ئادەملەرگە (ئۇلار مەيلى ئۇنىڭغا ئىمان-ئىشەنچ باغلىغان ياكى باغلىمىغان بولسۇن) بەرگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

## تۇر شەھىرىگە قارىتىلغان بېشارەتلەر (26-28-بابلار)

26-بابتا تۇر توغرۇلۇق بېرىلگەن بەزى بېشارەتلەر ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغان دەرىجىدە، ھەتتا كىچىك تەپسىلاتلىرىغىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تەپسىلاتلار ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە ئەرزىيدىغان ئىشلاردۇر.

26-باب، 8-ئايەتتىن، بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ تۇر شەھىرىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى ئوقۇيمىز. پەيغەمبەرنىڭ يەنە 3-ئايەتتە: «مەن ... كۆپ ئەللەرنى سەن بىلەن قارشىلىشىشقا قوزغايمەن» 4-ئايەتتە: «(تۇر)نى تاقىر تاش قىلىپ قويىمەن»، 5-ئايەتتە: «(تۇر) دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى (بېلىقچىلارنىڭ) تورلار يېيىلىدىغان جايى بولىدۇ»، 12-ئايەتتە: «ئۇلار سېپىللىرىڭنى بۇزۇپ، غۇلىتىپ، ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىڭنى خارابە قىلىدۇ؛ ئۇلار سېنىڭ تاشلىرىڭ، ياغاچ-لىملىرىڭ ۋە توپا-چاڭلىرىڭنى دېڭىز سۇلىرى ئىچىگە تاشلايدۇ»، 14-ئايەتتە: «سەن (تۇر) قايتىدىن قۇرۇلمايسەن» ۋە 21-ئايەتتە: «سەن (تۇر) قايتىدىن ھېچ بولمايسەن، ....مەڭگۈگە تېپىلمايسەن» دەپ ئالدىنئالا ئېيتقانلىقىنى بايقايمىز.

ئەزاكىيالنىڭ بۇ بېشارىتىدىن ئۈچ يىل كېيىن، نېبوقادنەسار پادىشاھ كۆپ مىللەتلىك قوشۇننى يېتەكلەپ، شەھەرنى 13 يىل مۇھاسىرىگە ئالدى. 13 يىلدىن كېيىن ئۇ سېپىلىدىن بۆسۈپ كىرگەن، لېكىن ئاھالىنىڭ كۆپى دېڭىزدىن ئۆتۈپ شەھەردىن يېرىم كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ئارالغا قاچتى؛ ئارالدا يەنە بىر قەلئە بولغانىدى. نېبوقادنەسار ئەزاكىيال 8-ئايەتتە ئالدىن ئېيتقىنىدەك، شەھەرنىڭ ئۆزىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارالدا تۇرغانلار ئۇنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ تەسلىم بولدى.

كېيىن بۇ ئارالدىكى قەلئە كۆپ مۇستەھكەملىنىپ ئۆزى بىر شەھەر بولۇپ چىقتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 330-يىلى ئەتراپىدا، بۈيۈك ئىسكەندەر (ئالېكساندىر، گرېكلارنىڭ ئىمپېراتورى) كېلىپ، ئۆزىگە ئىسيان كۆتۈرگەن شۇ ئارالدىكى شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ كونا شەھەرنىڭ خارابىلىرىنى بايقىدى. ئۇ بۇ تاش-توپىلارنى

ئاستىدىكى تاشتىن قىرىۋېتىپ، دېڭىزغا تاشلاپ قەدەممۇقەددەم ئارالغا بارىدىغان 60 مېتىر كەڭلىكتىكى بىر يولنى ياساپ چىقتى، ئاندىن ھارۋىلىق پوتەيلىرىنى يۆتكەپ يېقىنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن 3-، 12-ئايەتتە دېيىلگەندەك، ئىسكەندەر ئارالنىمۇ بېسىۋالدى؛ ئۇ تۇرنىڭ نۇرغۇن كېمىلىرىنى سېپىلى ئالدىدا غەرق قىلىۋەتتى. 4-5-ئايەتلەردە دېيىلگىنىدەك، كونا شەھەر بىر تاقىر تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن. تۇر «دېڭىزغا تاشلانغان».

تۇرنىڭ تارىخى ئىسكەندەرنىڭ دەھشەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشى بىلەن ئاياغلاشقان ئەمەس. كېيىنچە، ئاۋۋال ئانتىگون (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 314-يىلدا)، ئاندىن پىتولمى فىلادېلفۇس (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 285-247-يىللاردا) ئۇنىڭ سودىسىنىڭ ۋە دېڭىز ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىتچىت قىلغان. ئاخىرى، مىلادىيەدىن كېيىن 1321-يىلى ئەرەب لەشكەرلىرى ئۇنى ئىشغال قىلىپ پۈتۈنلەي ھالاك قىلغان. بىر ئەرەب ساياھەتچىسى ئىبن باتۇتانىڭ سۆزلىرى بىلەن ئېيتقاندا: «ئۇ بىر تەمسىل... پۈتۈنلەي بىر خارابە بولدى». بۇ، بېشارەتتە دېيىلگىنى، 14-ئايەتتە دەل ئالدىن ئېيتىلغان.

19-ئەسىردە شۇ ئارالدىن ئۆتكەن يەنە بىر يولۇچى ئەرەب بېلىقچىلىرىنىڭ 14-ئايەتتە ئېيتىلغاندەك شۇ يەردە تورلىرىنى قۇرۇتۇشقا ياپلىقىنى بايقىدى.

## خەتنە قىلىنغان ۋە خەتنە قىلىنمىغانلار (10:28)

### «سەن يات ئادەملەرنىڭ قولىدا خەتنە قىلىنمىغانلارغا لايىق بولغان ئۆلۈم بىلەن ئۆلىسەن؛ چۈنكى مەن شۇنداق سۆز قىلغان»، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار».

ئوقۇرمەنلەر بەلكىم: ««خەتنە قىلىنمىغانلارغا لايىق بولغان ئۆلۈم» دېگەن قانداق ئۆلۈش؟» ــ دەپ سورىشى مۇمكىن. «خەتنە (سۈننەت) قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟»

ئوقۇرمەنلەر ئېسىگە كەلتۈرەلەيدۇكى، خۇدا ئىبراھىمنى بۇتپەرەسلىكنى تاشلاشقا، ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ باشقا ناتونۇش زېمىنغا سەپەر قىلىشقا چاقىرغىنىدا، ئۇ ئىشەنچ-ئېتىقاد بىلەن ئىتائەت قىلدى؛ خۇدا ئۇنى پەلەستىن زېمىنغا يېتەكلىدى.

شۇ يەردە ئۇنىڭ ئېتىقادى بىلەن خۇدا ئۇنى ئۆز نەزىرى ئالدىدا «ھەققانىي ئادەم» دەپ جاكارلىدى. ئۇنىڭ ئېتىقادىغا ۋە شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە «خۇدانىڭ ئادىمى» بولغانلىقىغا بەلگە بولۇشقا، خۇدا ئۇنىڭغا خەتنە بەلگىسىنى ئاتا قىلدى. بۇ بەلگە ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان يەھۇدىيلارغا ئۆزلىرىنىڭ خۇدانىڭ ئالاھىدە خەلقى بولغانلىقىنى دۇنياغا كۆرسىتىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 18-باب). ئەتراپىدىكى باشقا ئەل-يۇرتلاردىكىلەر خەتنە قىلمىغاچقا، بۇ ئىنتايىن ئېنىق بىر بەلگە ئىدى. ھەم يەھۇدىيلار ۋە ئەرەبلەرمۇ (ھەممىسى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى) بۈگۈنگە قەدەر خەتنە قىلىپ كەلگەن.

ئىنجىل خۇدانىڭ ئىبراھىمغا خەتنە توغرۇلۇق تاپشۇرغان ئەمرى ئۈستىدە شۇنداق تەبىر بېرىدۇ: ــ خۇدانىڭ خەتنىدە بولغان تۈپ مەقسىتى بولسا، ئۇنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ مۇھىم بىر خەتنىگە بىرخىل بېشارەت بولۇشىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ «روھىي خەتنە» خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق ھەممە ئىنسانلارغا ئەمدى سۇنىدىغان نىجاتىدا ئايان قىلىنىدۇ. تەۋرات دەۋرىدە، خەتنىدە تەندىن ئەتنىڭ كېسىلىشى كەلگۈسى ئىنجىل دەۋرىدە تەندە بولغان گۇناھ ئاسارەتلەرنىڭ ۋە بۇ دۇنيادىكى ھوقۇق، ئابرۇي ۋە پۇلغا تايىنىشلارنىڭ ھەم ئارزۇ-ھەۋەسلەرنىڭ كېسىپ تاشلىنىشىنى كۆرسىتىپ، ئەسىرمۇ-ئەسىر بېشارەت بېرىپ كەلدى. پەقەت روھى ۋە قەلبى «خەتنە قىلىنىپ» گۇناھ ئاسارەتلىرىدىن ئازاد بولسىلا، ئاندىن ئىنسان خۇداغا «روھتا ۋە ھەقىقەتتە» ھەقىقىي ئىبادەت قىلىدىغان بولىدۇ («فىل.» 3:3، «كول.» 11:2، 12، «رىم.» 4:9-12، «گال.» 1:5-15نىمۇ كۆرۈڭ). قەلب ۋە روھىنى گۇناھتىن خالاس قىلىپ، ئادەمنى خۇداغا ئەمەلىي ئىبادەت قىلغۇچى قىلىش خۇدانىڭ مەسىھتە بولغان نىجاتىنى قوبۇل قىلغان ھەربىرى ئۈچۈن ئۆز روھى بىلەن يارىتىدىغان باھاسىز بىر مۆجىزىسىدۇر.

ئەمدى نېمىشقا ئەزاكىيال ئادەمنىڭ دىققىتىنى «خەتنە قىلىنمىغانلارغا لايىق بولغان ئۆلۈم»گە تارتىدۇ؟ ئاساسىي پاكىت شۇكى، ئەزاكىيالنىڭ دەۋرىدە خۇدا ئۆز خەلقىگە مۇشۇ خەتنە بەلگىسى بىلەن «تامغا باساتتى». تەۋرات دەۋرىدە، «يات ئەللەر»دىن بىرسى تىرىك خۇداغا بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلەشنى، خۇدانىڭ ئەھدىسىگە مۇيەسسەر بولۇپ ئىبادەتخانىدا خۇدانىڭ خەلقىگە ھەمراھ بولۇپ سەجدە قىلىشنى خالىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ خۇدانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ خەتنە

بەلگىسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، «خەتنە قىلىنمىغان ھالدا» ئۆلۈش، خۇدانىڭ ئەھدىسىدىن ۋە بەرىكەتلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

خەتنىنىڭ ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە مەلۇم پايدىلىق يەرلىرى بار، ۋە شۇ سەۋەبتىن غەربتىكى مەملىكەتلەردە ئېتىقادلىق ھەم ئېتىقادسىز كىشىلەر ئۆز ئوغۇللىرىنى خەتنە قىلىسمۇ، بۇ دەۋردە ھېچكىم بۇ يولدا ھېچقانداق روھىي بەخت-بەرىكەتنى قوبۇل قىلالمايدۇ؛ مەڭگۈلۈك ھاياتقا نىسبەتەن جىسمانىي خەتنىنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى يوقتۇر؛ بىراق «روھىي خەتنە»نى قوبۇل قىلمىغان ھېچكىم خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرمەيدۇ.

## مىسىرغا قاراتىلغان بېشارەتلەر (29-32-بابلار، بولۇپمۇ 10:29-14

بۇ ئايەتلەر بويىچە، مىسىرغا ئۇنى ئادەمزاتسىز قىلىدىغان، قىرىق يىللىق بىر ۋەيرانچىلىق چۈشىدۇ. ئىزاھاتىمىزدا ئېيتقىنىمىزدەك، بەلكىم بېشارەتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق، شۇنىڭدەك قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 525-487-يىللاردا، پارس ئىمپېراتورى «كامبىسىس»نىڭ مىسىر ئۈستىدىن رەھىمسىز ھۆكۈم سۈرۈشى، شۇنىڭدەك مىسىرنىڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈلۈشى بىلەن بولغان. «قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش» دېگىنىمىز، شۇ دەۋردە مىسىر «ئۇنىڭدا ھېچ ئادەم تۇرمايدۇ» دېيىلگەندەك پۈتۈنلەي ئادەمزاتسىز بولمىغان ئەمەس. شۇڭا بېشارەت مەسىھنىڭ دۇنياغا مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرۈشىنىڭ («ۋەھ.» 4:20) دەسلەپكى 40 يىلىدا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، دەپ ئويلايمىز. مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىسىر شۇ يولدا باشقا ئەللەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ تەربىيىسىنى كۆرستىدىغان قىرىق يىللىق بىر مىسال بولۇپ، ئاندىن ئاھالىلىك بولىدۇ.

بۇ بابتىن يەنە بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن: نېمىشقا ئەزاكىيال مىسىرنىڭ جازالىنىشى، ھالاك قىلىنىشىغا شۇنچە دىققەت قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ كىتابىدا تۆت باب مۇشۇ تېمىدا يېزىلغان. سەۋەب شۈبھىسىزكى، ئىسرائىلنىڭ بابىلدىن كەلگەن ئاۋارە-ئازابلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەردائىم مىسىردىن پاناھ ئىزدىشى خۇداغا شۇنچە يىرگىنچلىك ئىدى. ئىسرائىلنى دەسلەپتە قۇللۇققا سالغان مىسىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ مۇسا

پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇلارنى بىر قىلىچمۇ كۆتۈرمەي مىسىردىن قۇتقۇزغان ئەمەسمۇ؟ خۇدا ئىسرائىلنىڭ ئۆزى قىزغىنلىق بىلەن پاناھلانماقچى بولغان ئاشۇ «بۈيۈك مەملىكەت»نىڭ ھالاكەتكە مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنىڭدەك، مىسىرغا ئوخشاش باشقا ئاللىقايسى «بۈيۈك مەملىكەتلەر»، مىسىردىن ئىلگىرى دەۋر سۈرگەن ئاندىن يوقالغان ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە (31-باب) ئوخشاش ئىشەنچسىزدۇر.

## نېمىشقا بابىل توغرۇلۇق بېشارەت يوق؟

باشقا ئەللەر ۋە مەملىكەتلەر توغرۇلۇق شۇنچە كۆپ بېشارەتلەر بېرىلىپ، «نېمىشقا ئەزاكىيال ئارقىلىق بابىل توغرۇلۇق بېشارەت كەلمەيدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈشكە ئەرزىيدۇ. بەزى ئالىملار ئەزاكىيال بابىلغا سۈرگۈن بولغاچقا، «بابىلنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىش ئاقىلانىلىك بولمايتتى (چۈنكى ئۆزىگە خەتەرلىك بولاتتى، شۇڭا ئۇ قورقتى)» دەپ قارايدۇ. بىز بۇنداق كۆز-قاراشنى ئەزاكىيالغا قارا چاپلىغانلىق دەپ قارايمىز. ئۇنىڭ كىتابىدا روشەن تۇرىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بولسۇن، يات ئەللىكلەردىن بولسۇن، ھېچ قورقماس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۆز دەۋرىدە دانىيال پەيغەمبەر ئاللىقاچان نېبوقادنەسار پادىشاھقا بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق دەۋر سۈرىدىغانلىقىنى يۈز تۇرانە ئېيتقاندى.

ئەمەلىيەتتە، بىز ئەزاكىيالنىڭ شۇنداق بېشارەت بەرمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئەمەلىي دەپ قارايمىز. ئەزاكىيال پەيغەمبەرنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنى بولسا، سۈرگۈن بولغان ئىسرائىللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۈرگۈن بولغانلىقىنى خۇدانىڭ جازاسىدىن بولغان دەپ قوبۇل قىلىشى، ھەرگىز ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ: «بىز بابىلدىن تېز قۇتۇلىمىز» دېگەندەك خام خىياللىرىنى قوبۇل قىلماسلىقى ئىدى. ئىسرائىللار ئۆزلىرىنىڭ سۈرگۈن بولغانلىقىنى خۇدانىڭ جازاسىدىن، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن بولغان دەپ تونۇپ يەتمىگەن ئەھۋالدا، بابىلنىڭ كەلگۈسى ھالاكىتى (55 يىلدىن كېيىن بولىدۇ) توغرۇلۇق بېشارەت بېرىلسە، ئۇ ھالدا ئۇلار: «خۇدا بىزنى جازالاشقا بابىلنى سالغان، بىز توۋا قىلىشىمىز كېرەك» دېيىشىنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە «خۇدا «دۈشمىنىمىز»

بابىلنى جازالايدۇ» دەپ ھېچ توۋا قىلماي، خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

ھالبۇكى، 150 يىل ئىلگىرى، يەشايا پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھاباككۇك ۋە يەرەمىيا (ئىسرائىل زېمىندا تۇرغان) پەيغەمبەرلەر بابىلنىڭ زاۋال بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەنىدى. كىمكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئەتىۋارلىسا ۋە ئۇلاردا ئۇلارنى ئوقۇش سەممىيىتى بار بولسا، ئۇلاردىن بابىلنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق كۆپ تەپسىلاتلارنى تاپىقان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئەزاكىيال 31:14دە بابىلنىڭ ھالاكىتى توغرۇلۇق ۋاستىلىك بېشارەت بەرگەنىدى. بۇ ئايەتلەردە، ئاسۇرىيەنىڭ ھالاك بولغانلىقى ۋە مىسىرنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقى بىلەن باشقا بارلىق «بۈيۈك مەملىكەتلەر»گە بىر ئاگاھ يوللىنىدۇ: «بۇنىڭ مەقسىتى، سۇلاردىن سۇغىرىلىدىغان دەرەخلەرنىڭ ھېچبىرى ئۆزىنى ئېگىز كۆتۈرمىسۇن، ياكى ئۇچىنى بۇلۇتلارغا تاقاشتۇرمىسۇن، ياخشى سۇغىرىلىدىغان دەرەخلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇنداق ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلمىسۇن ئۈچۈندۇر؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە بېكىتىلگەن ــ يەرنىڭ تەگلىرىگە چۈشۈشكە بېكىتىلگەنلەرنىڭ، ئۆلىدىغان ئادەم باللىرىنىڭ، ھاڭغا چۈشىدىغانلارنىڭ قاتارىدىدۇر». شۈبھىسىزكى، بابىل ئۆزى بۇ «ئۆزىنى ئېگىز كۆتۈرگەن دەرەخلەر»دىن بىرى ئىدى.

## 36-باب: ئەزاكىيالنىڭ «يېڭى ئەھدە» توغرۇلۇق بايانى

ئەزاكىيالغا ۋە ئۆز زاماندىشى بولغان يەرەمىيا پەيغەمبەرگە ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى ئۇزۇل-كېسىل مۇتلەق ئاشكارىلاش ۋەزىپىسى تاپىلاندى. ئەمدى خۇدادىن ئىككىسىگە ئوخشاشلا ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنىڭ شىپاسى توغرۇلۇق ۋەھىي كەلگەنلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى خۇدا مەلۇم بىر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش يولىنى تەك بەرمىسە، ھەرگىز شۇ مەسىلىنى ئاشكارىلىمايدۇ. ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى ھەل قىلىدىغان يول بىزنىڭكىنىمۇ ھەل قىلالايدىغان بىردىنبىر يول ــ «يېڭى بىر روھ، يېڭى بىر قەلب». بۇ «يېڭى بىر روھ، يېڭى بىر قەلب» بىلەن خۇدا بىزگە «سىلەرنى ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە ماڭغۇزىمەن، ھۆكۈملىرىمنى تۇتقۇزىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلىسىلەر» دەپ ئېيتىدۇ (25-32).

مۇشۇنداق ئىشلار بولسا خۇدانىڭ ئۆزى يارىتىدىغان مۆجىزىلەردۇر، ھەرگىز ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. تەۋراتنىڭ تۆپ خەۋىرى دەل شۇدۇر؛ ئىسرائىلنى مىسالغا كەلتۈرۈپ ئۇ مۇنۇ ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ: ــ

(1) ئىنسانلارنىڭ تۆپ گۇناھلىق تەبىئىتى؛
(2) ئىنسانلارنىڭ خۇدانىڭ نىجاتىغا، قۇتقۇزۇش يولىغا مۇتلەق موھتاجلىقى؛
(3) بۇ قۇتقۇزۇش يولى خۇدا ئەۋەتىدىغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئارقىلىق بولىدۇ.

ئەيسا مەسىھ ئىسرائىل خەلقى ئالدىدا بىرىنچى قېتىم ۋەز ئېيتقاندا، چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا پەيغەمبەر مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئۇنى تونۇشتۇردى: ــ «مەن سىلەرنى ... توۋا قىلىشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇدا چۆمۈلدۈرىمەن؛ بىراق (بۇ زات)... سىلەرنى مۇقەددەس روھتا چۆمۈلدۈرىدۇ» («مات.» 11:3). مانا بۇنىڭ بىلەن ئەزاكىيال ئارقىلىق ۋەدە قىلىنغان «يېڭى قەلب، يېڭى روھ» بولىدۇ. خۇدا بۇ ۋەدىنى كېڭەيتىپ پۈتۈن ئىنسانلارغا تۇتماقچى؛ شۇڭا ئىنجىلدا «گۇناھنىڭ ئىش ھەققى يەنىلا ئۆلۈمدۇر، بىراق خۇدانىڭ رەببىمىز مەسىھ ئەيسادا بولغان سوۋغىتى يەنىلا مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر» دەپ يېزىلغاندۇر.

ئىسرائىلغا نىسبەتەن بۇ بېشارەتنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى، ئۇلار ئاخىرقى زامانلاردا توۋا قىلىپ مەسىھنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بولىدۇ.

11-باب، 16-20-ئايەتتىمۇ ئەزاكىيال بۇ يېڭى ئەھدىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ. مۇشۇ يەردە قىزىق بىر نۇقتا باركى: «مەن ئۇلارغا بىر قەلبنى بېرىمەن». بىزدە ھەرقانداق شەخسىيەتچىلىك بولىدىكەن، باشقىلار بىلەن «بىر قەلب»تە بولۇش مۇمكىن بولمايدۇ. «بىرلىك» توغرۇلۇق بارلىق سىياسىي شۇئارلار خام خىيالدۇر؛ پەقەت ئادەملەر توۋا قىلغاندىلا خۇدانىڭ مۇھەببىتى ئىچىدە ھەقىقىي بىرلىكنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ.

## 37-باب ـ ئىسرائىلنىڭ «تىرىلىشى»

بىز مۇشۇ باب ئۇستىدە پەقەت ئىككى ئىشنى ئالاھىدە قەيت قىلىمىز: (1) بېشارەت بويىچە ئىسرائىل ۋە يەھۇدا قايتىدىن بىر خەلق بولىدۇ؛ بۇ قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، ئەمما ئىشىنىمىزكى، كەلگۈسىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ (15-22). بەزىلەر بەلكىم: «ھازىر ئىسرائىلنىڭ يوقالغان ئون قەبىلىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ» دېيىشى مۇمكىن؛ لېكىن بىر تىرىك خۇدا بۇنى ئوبدان بىلىدۇ.

(2) ئىسرائىل ئېلىنىڭ تىرىلىشىدا ئىككى باسقۇچ بار؛ بىرىنچى باسقۇچ «سۆڭەكلەرنىڭ بىر-بىرىگە كېلىشى،... پەيلەر ۋە ئەت ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئۇلارنى قاپلاش»؛ بۇ باسقۇچتا ئۇلاردا ھېچ ھايات-نەپەس يوق؛ ئىككىنچى باسقۇچتا «روھ» (شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى) ئۇلارغا كېلىپ ھايات بېرىدۇ (12-14). شۇنىڭغا قارىغاندا، خۇدانىڭ پىلانىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئۇ ئىسرائىلنى ئۆز زېمىنىغا قايتىپ كەلتۈرۈشى؛ ئىككىنچى باسقۇچىدا، ئۇلار «قايتىدىن تۇغۇلۇپ» روھىي ھاياتنى قوبۇل قىلىدۇ. پەلەستىندە ھازىر تۇرغان يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئەھۋالى بىرىنچى باسقۇچتا بولۇشى كېرەك؛ ئۇلار قايتىدىن كۆپ دۆلەتلەردىن يىغىلغان (مىلادىيەدىن كېيىنكى 1948-يىلىدىن باشلاپ)، بىراق ئۇلاردا روھىي ھايات يوق ــ چۈنكى ئۇلار تېخى ئەيسانى «بىزنىڭ مەسىھىمىز» دەپ ئېتىراپ قىلىپ قوبۇل قىلمىغان.

باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا يەنە مۇمكىنچىلىكى باركى، ئاخىرقى زاماندىكى «تىرىلىش»تىن ئىلگىرى، يەھۇدىي خەلقىنىڭ بەزىلىرى پەلەستىن زېمىنىدىن يەنە تارقىتىۋېتىلىدۇ.

40-44-بابلاردا كۆرسىتىلگەن، ئىسرائىلنىڭ يېڭى ئىبادەتخانىسى توغرۇلۇق 28-26 ئايەتلەردىمۇ بېشارەت بار.

## 38-39 بابلار: گوگ ۋە ماگوگ - ئاخىرقى زامانلار

بۇ بابلار ئىچىدە گوگ توغرۇلۇق قىزىق بىر ئايەت (17) بار: «رەب پەرۋەردىگار شۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى زامانلاردا قۇللىرىم بولغان ئىسرائىلدىكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بېشارەت قىلغان بىرسى سەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار

شۇ كۈنلەردە، شۇنداقلا كۆپ يىللاردىن بىرى، مېنىڭ سېنى خەلقىمگە قارشىلىششقا چىقىرىدىغانلىقىم توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەن ئەمەسمۇ؟»»

بىلىشىمىزچە، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۆز كىتابلىرىدا «گوگ»نى ئىسمى بىلەن تىلغا ئالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ خۇلاسىگە كېلىشىمىز كېرەككى، ئۇلار «گوگ» توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، ئۇنى باشقا بىر نامى بىلەن تىلغا ئالغان.

يەشايا، يوئېل، يەرەمىيا ۋە دانىيال پەيغەمبەرلەر (ھەممىسى ئەزاكىيالدىن بۇرۇن بېشارەت بەرگەن)نىڭ كىتابلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇساق، ئاخىرقى زاماندا بولىدىغان، شىمالدىن چىققان ئىسرائىل زېمىنىغا بېسىپ كىرىدىغان ئېغىر بىر تاجاۋۇزلۇق، شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان ئەل-يۇرتلارنىڭ ئىسرائىلغا قارشى يىغىلىپ قوشۇن بولۇشى توغرۇلۇق بېشارەتلەرنىمۇ بايقايمىز. بۇ بېشارەتلەر بويىچە بۇ زور قوشۇن «دەججال» (مەسىھنىڭ رەقىبى) تەرىپىدىن يېتەكلىنىدۇ. شۇڭا «گوگ»نى «دەججال»نىڭ باشقا بىر ئىسمى دەپ قىياس قىلساق بەلكىم توغرىدۇر. مىكاھ پەيغەمبەر ئۇنى «ئاسۇرىيەلىك» دەپ ئاتايدۇ. تۆۋەندىكى بېشارەتلەر «ئەزاكىيال» 38-39-بابتىكى بېشارەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ۋاقتى-سائىتى يېقىن كەلگەندە بەلكىم بۇ بېشارەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە قانداق ماسلىشىدىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

«يەش.» 5:29-8، 1:34-6، 1:63-6، 15:66-16: «مىك.» 5:5، «دان.» 40:11-45 («شىمالىي پادىشاھ»)، «يو.» 9:3-16، «يەرەمىيا» 4-باب، «زەف.» 3:8نى كۆرۈڭ.

ئەزاكىيالنىڭ بۇ بېشارىتى ئۆزىدىن يىراق بىر كۈنى توغرۇلۇق سۆز قىلىدۇ. شۇڭا يەنە بىر مۇمكىنچىلىكى باركى، بېشارەتنىڭ «قەدىمكى زامانلار» دېگىنى، ئەزاكىيالدىن كېيىنكى كۈنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۇنداق بولغاندا «پەيغەمبەرلەر» دېگىنى ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان پەيغەمبەرلەرنىمۇ، مەسىلەن زەكارىيا، ھەتتا ئىنجىل دەۋردىكى پاۋلۇس ۋە يۇھاننانىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا مۇناسىۋەتلىك بېشارەتلەر يەنە «زەك.» 12-14 بابلار، ئىنجىل «ۋەھ.» 14:16، 16، 19:19نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

## 40-44-بابلار: يېڭى ئىبادەتخانىنىڭ ئەھمىيىتى.

ئوقۇرمەنلەر تارىختا بولغان بىرىنەچچە ئىبادەتخانىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق بىر مۇزاكىرىنى ئوقۇماقچى بولسا ھاگاي پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرسۇن. «ئىبادەتخانىلار» توغرۇلۇق ئېنىق بىر پرىنسىپ بار. ئۇ ئىنجىلدا مۇقىم بېكىتىلگەنكى، خۇدانىڭ نىشان قىلغان مەقسىتى ئۆز خەلقىنى ئۆز ئىبادەتخانىسى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. خۇدانىڭ توپ پىلانى، «ئىنسان قولى بىلەن ياسىغان ئىباتەتخانا»دا تۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ قەلب-روھىنى تولدۇرۇپ تۇرۇشىدۇر. شۇڭا نېمىشقا خۇدا بۇ يېڭى «جىسمانىي» ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ ئەگەر مەسىھ ئەيسانىڭ قۇربانلىقى پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن («ئىبرانىيلارغا» دېگەن كىتابتا دېيىلگەندەك) «ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىق» بولسا، بۇ ئىبادەتخانىدا سۇيۇلىدىغان قۇربانلىقلارنىڭ نېمە مەقسىتى بولىدۇ؟ تۆۋەندە بىر جاۋاب بېرىمىز.

ئىبادەتخانا ۋە ئۇنىڭ ئۆلچەملىرى توغرۇلۇق ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى، بۇ ئىبادەتخانىنى ئۆلچەش ئۇسۇلى بىنالارنى تەكشۈرگۈچى مەخسۇس خادىم ياكى ئىنژېنېرنىڭ ئادەتتىكى تەرتىپى بويىچە بولماستىن، بەلكى ئۆينىڭ ئالدىنقى دەرۋازىسىدىن باشلىنىپ، دالىنىنىڭ ئىچكى بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ئۇزۇنلۇق-كەڭلىكىنى ئۆلچەپ، ھامان كىچىك ئۆلچەملەردىن چوڭ ئۆلچەملەرگە ئۆتۈش ئۇسۇلىدا بولىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل ھامان (ئىنسانلار قىلغان بولسا!) ھەرخىل پەرق-خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ بىنانىڭ چېرتيوژىنى توپتوغرا سىزىشقا مۇمكىن بولماس قىلىدۇ. توغرا ئۇسۇل ئومۇمىي ئۇزۇنلۇق-كەڭلىكى بىلەن باشلىنىپ، ئاندىن بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ئۇزۇنلۇق-كەڭلىكىنى ئۆلچەشتۇر. بۇ، ئالامەت كۆرۈنۈشنىڭ چوقۇم خۇدادىن كەلگەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئۆزى بىر «چېرتيوژ»نى ئاۋۋال سىزغان ئەمەس؛ ئۇ پەقەت ئۆز يېتەكچىسىگە ئەگىشىپ بىنانىڭ ئۇ-بۇ تەرەپلىرىنى ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئۆلچىگەن يەرلىرىنى خاتىرىلەيدۇ. بىنانىڭ ئۆلچەملىرى چېرتيوژغا كەلتۈرۈلگەندە ھەممىسى بىر-بىرىگە توپتوغرا ماسلىشىپ، ئاساسەن مۇكەممەل بىر پۈتۈنلۈكنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ (بەزى كىچىك ئۆيلىرىنىڭ ۋە جايلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى تولۇق بولمىغاچقا، ئۇلارنى سىزغىلى بولمايتتى — تۆۋەندىكى سۆزىمىزنى كۆرۈڭ).

ئۆلچەملەرنىڭ بىر-بىرىگە ماسلىشىشى جەھەتتە پەقەت بىرلا ئۆلچەمدە كىچىككىنە بىر مەسىلە بار (49:40)؛ بىز بۇ ئايەتتە تەۋراتتىكى كونا گرېك تىلى تەرجىمىسى (LXX)گە ئەگىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن مەسىلە ھەل قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئەزاكىيال بىزگە تەمىنلىگەن تەپسىلاتلار ۋە ئۆلچەملەردىن بۇ ئىبادەتخانىنى ئۆزىمىز تولۇق قۇرۇپ چىقىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بەزى يەرلىرى، مەسىلەن سىرتقى ھويلىدىكى ئاشخانىلار، سىرتقى تامغا تۇتاش تۇرغان «كىچىك خانىلار» ۋە كاھىنلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بايانلىرى بىزگە ئۇلارنى سىزغۇدەك، شۇنداقلا قۇرغۇدەك تەپسىلاتلارنى تەمىنلىمەيدۇ. خۇدا ئەزاكىيالغا كۆرسەتكەن بۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئۆزى تولۇق بىر چىرتيوژ سىزىش ئۈچۈن ئەمەستۇر. خۇدا خەلقىگە ھېچقەيەردە ئۇنى قۇرۇشنى تاپىلىغان ئەمەس، پەقەت «كاللىسىدا ئىبادەتخانىنى ئۆلچەپ باقسۇن» دەپ بۇيرۇلغان (10:43-11). ئۇ كەلگۈسىدە مەۋجۇت بولىدىغان بىر بىنا، لېكىن ئۇنى قۇرغۇچى خۇدادۇر، ئېنىق دېسەك مەسىھنىڭ ئۆزى بولىدۇ. مەسىھ توغرۇلۇق: «ئۇ ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ، ۋە كاھىن سۈپىتىدە ئۆز تەختىگە ئولتۇرىدۇ» دەپ بېشارەت بېرىلگەن («زەك.» 13:6). زەكەرىيانىڭ شۇ بېشارىتىدە ئېيتىلغان «ئىبادەتخانا»نىڭ بىرىنچى كۆرسەتكىنى خۇدانىڭ «تىرىك تاشلار» بولغان مۆمىن بەندىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىبادەتخانىدۇر («1پېت.» 5:2-8). بىراق بۇ بېشارەت يەنە «ھاياتسىز تاشلاردىن قۇرۇلغان» بىر ئىبادەتخانىنى كۆرسەتكەن بولسا، چوقۇم ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئالامەت كۆرۈنۈشتە كۆرگەن ئىبادەتخانا بولۇشى كېرەك.

ئىسرائىلىيەدە تۇرۇۋاتقان يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئاز دېگەندە 1950-يىللاردىن بېرى يېڭى بىر ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرۇش چىرتيوژى ۋە ئىبادەتخانىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا قايتىدىن قۇربانلىق قىلىش پىلانى بولۇپ كەلگەن. ئاڭلىشىمىزچە ئۇلار قۇرماقچى بولغان ئىبادەتخانىنىڭ چىرتيوژى ئەزاكىيالنىڭ 40-44-بابلىرىغا ئاساسلانغان. لېكىن زىئون تېغىنىڭ (تاغنىڭ بۇگۈنكى تۈزۈلۈشىگە قارىغاندا) ئەزاكىيال كۆرگەن ئىبادەتخانىنى پاتقۇزغۇدەك يېرى يوق، ۋە قۇرۇلۇشقا باشقا توسالغۇلار بار. لېكىن ئىشىنىمىزكى، ئۇلار بىر ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ — چۈنكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا، دەججالنىڭ ئاخىرقى زاماندا «ئىبادەتخانىنى ئىگىلىۋېلىشى» ۋە شۇ يەردە ئۆز يىرگىنچلىك مەبۇدىنى تىكلىشى توغرۇلۇق بېشارەتلەر بار («دان.» 27:9، 11:12، «مات.» 25:24، «تېسالونىكىلىقلارغا (2)» 1:2-11نى كۆرۈڭ). بۇ

ئىبادەتخانا ــ بەلكىم دەججالنىڭ قولى بىلەن ــ ۋەيران بولىدۇ؛ ئەيسا مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە يەر يۈزى ئۈستىگە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرۈشى («ۋەھ.» 20:1-7) نىڭ دەسلىپىدە ئەزاكىيال كۆرگەن بۇ يېڭى ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىدە بۇ «يېڭى ئىبادەتخانا» ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق بىرنەچچە كۆزقاراشلار بولۇپ كەلگەن. بەزىلىرى بۇ ئىبادەتخانىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىنجىل دەۋرىدىكى «مەسىھىي جامائەت»نى سىمۋول سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمدى ئۇنداق بولغاندا خۇدانىڭ پىلان-مەقسەتلىرى توغرۇلۇق ھازىرقى بىلىمىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئۆينىڭ نۇرغۇن تەپسىلاتلىرىنىڭ قانداق سىمۋوللۇق مەنىسى بارلىقىنى كۆرۈپ چىقىش تەس بولىدۇ. دەرۋەقە بۇرۇنقى زامانلاردا بولغان بارلىق ئىبادەتخانىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ مۇسا پەيغەمبەر قۇرغان «مۇقەددەس چېدىر»نىڭكىدەك («مىس.» 25-30، 35-40 بابلار) بارلىق تەپسىلاتلىرىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى بولىدۇ، دەپ قارايمىز. ئەزاكىيال كۆرگەن بۇ يېڭى ئىبادەتخانىنى ئۆزىمىز «ھەقىقىي» دەپ ئىشىنىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزمۇ ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرىنىڭ «سىمۋوللۇق مەنە»سى بار دەپ قارايمىز؛ بىراق بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نېمە مەنىدە ئىكەنلىكى بۈگۈنكى بىلىشىمىزدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

مەسىھ ئەيسا ئاللىبۇرۇن «گۇناھلار ئۈچۈن ئاخىرقى قۇربانلىقنا بېغىشلانغان» تۇرسا («ئىبر.» 12:10)، ئۇنداقتا «ئەزاكىيال»دا (40-44-بابلاردا) تىلغا ئېلىنغان قۇربانلىقلار، ھېيت-بايراملار ۋە كاھىنلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ «ئىبر.» 5-، 7-، 8- ۋە 10-بابلاردا، ئەيسا مەسىھ بىزنىڭ «بىردىنبىر باش كاھىن»، «لاۋىي قاتارىدىكى كاھىنلاردىن تولىمۇ يۇقىرى، تولىمۇ ئەۋزەل» كاھىن دەپ ئاتالغان بولسا، بۇ لاۋىيلىق كاھىنلارنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟

قىسقىچە ئېيتقاندا، جاۋابنى شۇنداق بېرىشىمىز كېرەككى، مەسىھنىڭ «مىڭ يىللىق پادىشاھلىقىدا» بۇ قۇربانلىقلار، ھېيت-بايراملار ۋە كاھىنلىقمۇ بىر ئەسلەتمە رولىدا بولىدۇ. بۇرۇنقى دەۋردىكى قۇربانلىقلار، ھېيت-بايراملار ۋە كاھىنلىق ئۇلاردىن كېيىن بولىدىغان مەسىھنىڭ قۇربانلىقىنى ۋە خىزمەتلىرىگە «بېشارەت رەسىم» بولۇپ كۆرسەتكەندەك، كەلگۈسى زاماندىكى قۇربانلىق قاتارلىقلار بۇ ئىشلارنى ئەسلىتىپ «بۇرۇنقى»نى كۆرسىتىدۇ. شۇ دەۋردە

قۇربانگاھ ئۇستىگە چېچىلغان قانلار شۇ دەۋردىكى ئادەملەرگە مەسىھ ئەيسانىڭ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك نىجاتقا ئېرىشىمىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ تۆككەن قىممەتلىك قېنى بولغانلىقىغا ئۆزلۈكسىز ئەسلەتمە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، خەلقنىڭ «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئالدىدىكى ھويلىغا كىرىش پۈرسەتلىرى (پەقەت ھېيت-بايرام ۋاقىتلىرىدا) مۇسا پەيغەمبەر تىكلىگەن «مۇقەددەس چېدىر» ۋە سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانا تۇرغان ۋاقىتتىكى شۇنداق پۇرسەتلەردىن ئاز بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى كەلگۈسى «مەڭ يىللىق پادىشاھلىق»تا بەلكىم خەلققە ئۆتكەنكى ئىتائەتسىزلىكلىرى، كونا «ئەھدە»نىڭ چەكلىكلىكى، «يېڭى ئەھدە»نىڭ كېرەكلىكى توغرۇلۇق بىر ئەسلەتمە-ئاگاھ بولۇشى مۇمكىن.

«مەڭ يىللىق» ئىبادەتخانا «مەڭ يىللىق پادىشاھلىق»تا ئۇخشاش پەقەت ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئاخىر بېرىپ ھەممىسى «ھەققانىيلىق ماكانلىشىدىغان» «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن»غا ئۆزگەرتىلىدۇ («ۋەھ.» 21:1-8). بىز بۇ يېڭى ئاسمان-زېمىن توغرۇلۇقمۇ: «ئۇلارنىڭ نامى «پەرۋەردىگار شۇ يەردە بولىدۇ»» («ئەز.» 35:48)» دەپ ئېيتالايمىز؛ ئۇنى سۆيگەنلەر ئۈچۈن «پەرۋەردىگار شۇ يەردە بولىدۇ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ تەلپىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ.

«مەن شەھەردە (يېڭى ئاسمان-زېمىندىكى يېڭى يېرۇسالېمدا) ھېچقانداق ئىبادەتخانا كۆرمىدىم، چۈنكى ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا ۋە قوزا ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدۇر. شەھەرنىڭ يورۇتۇلۇشى ئۈچۈن قۇياشقا ياكى ئايغا موھتاج ئەمەس، چۈنكى خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۇنى يورۇتقاندى، ئۇنىڭ چىرىغى بولسا قوزىدۇر» («ۋەھ.» 21-باب).

# تەۋرات 27-قىسىم

# «دانىيال پەيغەمبەر»

## قىسقىچە مەزمۇنى

«دانىيال» دېگەن بۇ كىتاب تەۋراتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، تەۋرات دەۋرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرنىڭ، يەنى يەشايا، يەرەمىيا، ئەزاكىيال ھەم زەكەرىياغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدىن بىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر دانىيال ئۆزى بۇ كىتابنى يازغان.

خۇداسىز كىشىلەر بۇ كىتابتىكى تەلىملەرگە ھەردائىم قەتئىي نەپرەتلىنىپ ۋە قارشى تۇرۇپ كەلگەن. چۈنكى ئۇشبۇ كىتابتىكى بېشارەتلەرنىڭ شۇنچە توپ-توغرا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى ھەرقايسى ئەقلى بار كىشىگە پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

### ئارقا كۆرۈنۈشى

يەھۇدىيلار پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈپ بۇتلارغا چوقۇنۇشى تۈپەيلىدىن، پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ يات ئىمپېرىيەلەرگە ئەسىرگە تۇتۇلۇپ، سۈرگۈن بولۇشى دېگەن جازاغا يول قويغان. بەرگەن جازاسى شۇنداق بولغان بولسىمۇ، «پەرۋەردىگارنىڭ جازا قورالى» بولغان بابىللىقلار خۇدانىڭ بەلگىلىگەن جازا دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ، يەھۇدىيلارغا قاتتىق زوراۋانلىق قىلغانىدى. بابىل (بابىلون) ئىمپېرىيەسى نۇرغۇن يەھۇدىيلارنى ئۆزىنىڭ قۇللىرى قىلىش ئۈچۈن ئەسىرگە ئالغان. دانىيالمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئون بەش-ئون ئالتە ياشلاردا ئىدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلى).

خۇدا مۇئەللىپنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن غايىبانە ئالامەتلەر ئارقىلىق شۇ زامان خەلقىنى رىغبەتلەندۈرگەن. دانىيالغا بېرىلگەن بېشارەتلەر ئۆز خەلقىگە ئىككى ئىش توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزىدۇ. بىرىنچىدىن، خۇدا تارىخنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئىدارە قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، خۇدا شۇنداقلا بارلىق ئىشلارنى ئۆز پادىشاھلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا نىشانلايدۇ.

مەزكۇر كىتاب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، دانىيال ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە سۈرگۈن بولغان ھەمراھلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، يەنى ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ خۇداغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئىتائەتچانلىقى بىلەن دۈشمەنلىرىدىن غالىب كەلگەنلىكى. بۇ ۋەقەلەر بابىل ۋە پارس پادىشاھلىقى دەۋرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. ئىككىنچى قىسىمدا بولسا، دانىيال كۆرگەن بىر قاتار غايىبانە ئالامەتلەر بولۇپ، سىمۋوللۇق ئىشلار ئارقىلىق بابىل، پارس ۋە ئۇلاردىن باشقا بىرقانچە ئىمپېرىيەنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى بايان قىلىنىدۇ. بۇ بايانلار ئۇلارنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ۋە خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، مەسىھ (قۇتقۇزغۇچى)كە ئالەمدىكى بارلىق ھوقۇق بېرىلىشىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىش تەڭ بىرلا ۋاقىتتا بولىدىغانلىقىنى شەرھلەيدۇ.

مەزمۇن: —

| | |
|---|---|
| دانىيال ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى | (1:1-28:6) |
| دانىيال كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلەر | (1:7-45:11) |
| (1) تۆت مەخلۇق | (7-باب) |
| (2) قوچقار بىلەن تېكە | (8-باب) |
| (3) «يەتمىش «يەتتە»» | (9-باب) |
| (4) ئوتتۇرا شەرق توغرۇلۇق بېشارەتلەر | (10-11-باب) |
| (5) خاتىمە | (12-باب) |

ئىزاھات: ــ تېكستتە «سۇس تۆس» قىلىنغان سۆزلەر (مەسىلەن، «سۆزلەر») ئەينى ئىبرانىي تېكستتە تېپىلغان ئەمەس، پەقەتلا ئۇيغۇرچە تېكستىمىز راۋانراق ئوقۇلسۇن دەپ تەرجىمانلار تەرىپىدىن قوشۇلغان سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

# دانىيال

## دانىيال ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى
## دانىيال نېبوقادنەسارنىڭ ئوردىسىدا

1 [1]يەھۇدا پادىشاھى يەھوياكىم تەختكە ئولتۇرۇپ ئۈچىنچى يىلى،
بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى
مۇھاسىرە قىلىۋالدى. [2]رەب يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھۇياكىمنى،
شۇنداقلا خۇدانىڭ ئۆيىدىكى قاچا-قۇچىلارنىڭ بىر قىسمىنى
ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ ئەسىرلەرنى شىنار زېمىنىغا، ئۆزى
چوقۇنىدىغان مەبۇدنىڭ بۇتخانىسىغا ئېلىپ باردى ۋە بۇلاپ كەلگەن
قاچا-قۇچىلارنى بۇتخانىنىڭ خەزىنىسىگە قويدى.
[3]پادىشاھ نېبوقادنەسار باش ئاغۋات غوجىدارى ئاشپىنازغا ئەسىرگە
چۈشكەن ئىسرائىللار ئىچىدىن خان جەمەتىدىكىلەردىن ۋە ئېسىلزادە
يىگىتلەردىن بىرنەچچىدىن تاللاپ ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى.
[4]بۇ ياشلار نۇقسانسىز، كېلىشكەن، دانىشمەن-ئۇقۇمۇشلۇق، مول
بىلىملىك، مۇتەپەككۇر، ئوردا خىزمىتىدە بولۇشقا لاياقەتلىك، يەنە
كېلىپ كالدىيلەرنىڭ ئىلىم-پەنلىرىنى ھەم تىلىنى ئۆگىنەلەيدىغان

---

**1:1** 2پاد. 2:24، 3؛ 2تار. 6:36

**2:1** «**خۇدانىڭ ئۆيى**» ــ مۇقەددەس ئىبادەتخانا، ئەلۋەتتە.

**3:1** «**باش ئاغۋات غوجىدارى ئاشپىناز**» ــ «ئاغۋات» پادىشاھ سارايىدىكى كېنىزەكلەرگە قارايدىغان، پىچىلغان ئەر كىشى. ئۇلارنىڭ باشقا ۋەزىپىلىرى بار بولۇشى مۇمكىن. مۇمكىنچىلىكى يەنە باركى، مۇشۇ يەردە «باش ئاغۋات غوجىدارى» پادىشاھلارنىڭ بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ بېشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ توغرا بولسا «باش ئەمەلدار» دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**3:1** يەش. 7:39

بولۇشى كېرەك ئىدى. 5پادىشاھ ئۇلار توغرىسىدا ئۇلار ئۈچ يىلغىچە
ھەر كۈنى پادىشاھ يەيدىغان نازۇ-نېمەتلەر ۋە شارابلار بىلەن
ئوزۇقلاندۇرۇلسۇن، مۇددەت توشقاندا پادىشاھنىڭ ئالدىدا خىزمەتتە
بولسۇن دەپ بېكىتتى. 6تاللانغان يەھۇدا قەبىلىسىدىكى ياشلاردىن
دانىيال، ھانانىيا، مىشائېل ۋە ئازارىيالار بار ئىدى. 7ئاغۋات بېشى
ئۇلارغا يېڭى ئىسىملار، يەنى دانىيالغا بەلتەشاسار، ھانانىياغا شادراك،
مىشائېلغا مىشاك، ئازارىياغا ئەبەدنېگو دېگەن ئىسىملارنى قويىدى.
8دانىيال پادىشاھ بەلگىلىگەن نازۇ-نېمەتلەر ۋە شاھانە شارابلىرى
بىلەن ئۆزىنى خۇدا ئالدىدا ناپاك قىلماسلىققا بەل باغلىدى؛ شۇڭا
ئۇ ئاغۋات بېشىدىن ئۆزىنىڭ ناپاك قىلىنماسلىقىغا يول قويۇشىنى

---

**4:1 «يەنە كېلىپ كالدىيلەرنىڭ ئىلىم-پەنلىرىنى ھەم تىلىنى ئۆگىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى** — «كالدىيە» بابىل ئىمپېرىيەسىدىكى مۇھىم بىر ناھىيە ئىدى، شۇ يەردىكىلەر «ئالىيجاناپ كىشىلەر» دەپ قارىلاتتى. بابىل ئوردىسىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئاساسەن مۇنەججىملەر شۇ تەبىقىدىكى ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك ئىدى.

**7:1 «ئاغۋات بېشى ئۇلارغا يېڭى ئىسىملار، يەنى دانىيالغا بەلتەشاسار، ھانانىياغا شادراك، مىشائېلغا مىشاك، ئازارىياغا ئەبەدنېگو دېگەن ئىسىملارنى قويىدى»** — بۇ قويۇلغان ئىسىملار، ئاساسەن بۇتپەرەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەسلى ۋە يېڭى ئىسىملىرىنىڭ مەنىلىرى تۆۋەندىكىدەك: —

—دانىيال — «خۇدا مېنىڭ سوت قىلغۇچۇمدۇر»
—بەلتەشاسار — «بەل (بىر مەبۇد) ئۇنىڭ ھاياتىنى قوغدىسۇن»
—ھانانىيا — «پەرۋەردىگار مېھىر-شەپقەتلىكتۇر»
—شادراك — «ئاكۇ (بىر مەبۇد)نىڭ بۇيرۇقى»
—مىشائېل — «خۇداغا كىم ئوخشىيالىسۇن؟»
—مىشاك — «ئاكۇ (بىر مەبۇد)غا كىم ئوخشىيالىسۇن؟»
—ئازارىيا — «پەرۋەردىگار ياردەمچىمدۇر»
—ئەبەدنېگو — «نېگو (نۇر چاچىدىغان مەبۇد)نىڭ قۇلى»

ئىلتىماس قىلدى. [9]ئەمدى خۇدا ئاغۋات بېشىنى دانىيالغا ئىلتىپات
ۋە شاپائەت كۆرسىتىدىغان قىلغانىدى. [10]لېكىن ئاغۋات بېشى
دانىيالغا:

مەن ئۆز غوجام پادىشاھتىن قورقىمەن. سىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكىڭلارنى ئۇ ئۆزى بەلگىلىگەن؛ ئۇ ئەگەر سىلەرنى باشقا قۇرداش يىگىتلەردەك ساغلام چىراي ئەمەس ئىكەن دەپ قارىسا، ئۇنداقتا سىلەر پادىشاھقا مېنىڭ كاللامنى ئالدۇرغۇچى بولىسىلەر، — دېدى.

[11]شۇنىڭ بىلەن دانىيال كېلىپ ئاغۋات بېشى ئۆزىگە ۋە ھانانىيا،
مىشائېل ۋە ئازارىيالارغا تەيىنلىگەن غوجىداردىن تەلەپ قىلىپ: [12]—
كەمىنىلىرىنى ئۇماچ، كۆكتات ۋە سۇ بىلەنلا بېقىپ ئون كۈنلۈك
سىناق قىلىسىلا.
[13]ئاندىن بىزنىڭ چىرايىمىز بىلەن پادىشاھنىڭ ئېسىل تامىقىنى
يېگەن يىگىتلەرنىڭ چىرايىنى سېلىشتۇرۇپ باقسىلا، ئاندىن
كۆزىتىشلىرى بويىچە كەمىنىلىرىگە ئىش كۆرگەيلا! — دېدى.
[14]غوجىدار ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇلارنى ئون كۈن سىناپ كۆرۈشكە
ماقۇل بولدى. [15]ئون كۈندىن كېيىن قارىسا، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى
پادىشاھنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنى يېگەن يىگىتلەرنىڭكىدىنمۇ نۇرلۇق
ۋە تولغان كۆرۈندى. [16]شۇنىڭدىن كېيىن غوجىدار ئۇلارغا پادىشاھ
بەلگىلىگەن نازۇ-نېمەتلەرنى ۋە ئىچىشكە بەلگىلىگەن شارابنى
بەرمەي، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۇماچ، كۆكتاتلارنى بېرىشكە باشلىدى.
[17]بۇ تۆت يىگىتنى بولسا، خۇدا ئۇلارنى ھەرخىل ئەدەبىيات ۋە

8:1 **«دانىيال پادىشاھ بەلگىلىگەن نازۇ-نېمەتلەر ۋە شاھانە شارابلىرى بىلەن ئۆزىنى خۇدا ئالدىدا ناپاك قىلماسلىقتا بەل باغلىدى»** — دانىيال يەھۇدىي بولغاچقا، مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن «مۇقەددەس قانۇن»غا ئاساسەن، بەزى گۆشلەر، مەسىلەن چوشقا، تۆگە، توشقان گۆشىنى يېيىشكە بولمايتتى. قان چىقارماي بوغۇپ ئۆلتۈرگەن بولسا، يېيىشكە بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بابىل ئوردىسىدىكىلەر يېگەن گۆشلەر ۋە ئىچكەن شارابلار مەبۇدلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئاشۇ مەبۇدلارنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن يەپ-ئىچىلەتتى.

**8:1** لاۋ. 1:15-35؛ 12:17؛ قان. 14:3-21؛ 1كور. 4:8؛ 8-10

ئىلىم-مەرىپەتتە دانىشمەن ۋە ئۇقۇمۇشلۇق قىلدى. دانىيالمۇ
بارلىق غايىبانە ئالامەتلەر بىلەن چۈشلەرگە تەبىر بېرىشكە
پاراسەتلىك بولدى. [18]پادىشاھ بەلگىلىگەن مۇددەت توشقىنىدا،
ئاغۋات بېشى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى نەبۇقادنەسارنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ باردى. [19]پادىشاھ ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ سۆزلەشتى؛ ياش
يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسى دانىيال، ھانانىيا، مىشائىل ۋە
ئازارىيالارغا يەتمىدى. شۇڭا بۇ تۆتەيلەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە
قالدى. [20]پادىشاھقا دانالىق-ھېكمەت كېرەك بولغاندا ياكى يورۇتۇش
كېرەك بولغان ھەرقانداق مەسىلىگە جاۋاب ئىزدىگەندە، ئۇلارنىڭ
جاۋابى ئۇنىڭ سەلتەنىتىدىكى بارلىق رەمچى-پالچى ياكى پىر-
ئۇستازلىرىنىڭكىدىن ئون ھەسسە توغرا چىقاتتى. [21]دانىيال پارس
پادىشاھى قورەش تەختكە ئولتۇرغان بىرىنچى يىلغىچە ئوردىدا
داۋاملىق تۇردى.

## نەبۇقادنەسار كۆرگەن چۈش

2 [1]نەبۇقادنەسار تەختكە ئولتۇرۇپ ئىككىنچى يىلى، بىرنەچچە
چۈش كۆردى؛ ئۇنىڭ روھى پاراكەندە بولۇپ، ئۇيقۇسى قاچتى.
[2]شۇڭا پادىشاھ رەمچى-پالچى، پىر-ئۇستاز، جادۇگەر ۋە كالدىي
مۇنەججىملەرنى چۈشلىرىگە تەبىر بېرىشكە چاقىرىشنى بۇيرۇدى.
ئۇلار كېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇردى. [3]پادىشاھ ئۇلارغا:
مەن بىر چۈش كۆردۈم، بۇ چۈشنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە كۆڭلۈم

18:1 **«پادىشاھ بەلگىلىگەن مۇددەت توشقىنىدا...»** — يەنى ئۈچ يىل (5-ئايەتنى كۆرۈڭ).

21:1 **«دانىيال پارس پادىشاھى قورەش تەختكە ئولتۇرغان بىرىنچى يىلغىچە ئوردىدا داۋاملىق تۇردى»** — پارس پادىشاھى قورەش 66 يىلدىن كېيىن بابىل ئىمپېرىيەسىنى ئىستىلا قىلدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى).

2:2 **«كالدىي مۇنەججىملەر»** — كالدىيە بابىل ئىمپېرىيەسىدىكى مۇھىم بىر رايون ئىدى، شۇ يەردىكىلەر «ئالىيجاناپ كىشىلەر» دەپ قارىلاتتى. بابىل ئوردىسى قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئاساسەن مۇنەججىملەر شۇ تەبىقىدىكى ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك ئىدى.

ناھايىتى تىت-تىت بولۇۋاتىدۇ، ــ دېدى.
4 ئاندىن كالدىيلەر پادىشاھقا (ئارامىي تىلىدا): ــ ئالىيلىرى مەڭگۈ
ياشىغايلا! قېنى كەمىنىلىرىگە چۈشلىرىنى ئېيتقايلا، بىز تەبىر
بېرىمىز، ــ دېدى.
5 پادىشاھ كالدىيلەرگە: ــ مەندىن بۇيرۇق! سىلەر ئاۋۋال كۆرگەن
چۈشۈمنى ئېيتىپ ئاندىن تەبىر بېرىشىڭلار كېرەك. ئۇنداق
قىلمىساڭلار قىيما-چىيما قىلىۋېتىلىسىلەر، ئۆيۈڭلار ھاجەتخانىغا
ئايلاندۇرۇۋېتىلىدۇ! 6 لېكىن چۈشۈمنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا تەبىر
بېرەلىسەڭلار مەندىن سوۋغاتلار، ئىنئاملار ۋە ئالىي ئىززەتتىن
مۇيەسسەر بولىسىلەر. ئەمدى چۈشۈمنى ئېيتىڭلار، تەبىر بېرىڭلار!
ــ دېدى.
7 ئۇلار پادىشاھقا يەنە بىر قېتىم:
ــ ئالىيلىرى چۈشلىرىنى ئېيتقايلا، ئاندىن ئۆزلىرىگە تەبىرىنى
ئېيتىپ بېرىمىز، ــ دېدى.
8 بۇ چاغدا پادىشاھ جاۋابەن:
شۈبھىسىزكى، سىلەر پەرمانىمدىن قايتمايدىغىنىمنى
بىلگەچكە، ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈۋاتىسىلەر. 9 لېكىن چۈشۈمنى
ئېيتىپ بەرمىسەڭلار، سىلەرگە پەقەت بۇيرۇقۇملا قالىدۇ. چۈنكى
سىلەر ۋاقىت ئەھۋالنى ئۆزگەرتىدۇ، دەپ بىلىپ ئۆزئارا تىل
بىرىكتۈرۈپ، يالغانچىلىق قىلىپ مېنى ئالدىماقچى بولىسىلەر.
شۇڭا چۈشۈمنى ئېيتساڭلار، ئاندىن چۈشۈمگە ھەقىقەتەن تەبىر
بېرەلەيدىغانلىقىڭلارنى شۇ چاغدىلا بىلىمەن، ــ دېدى.
10 كالدىيلەر پادىشاھقا جاۋابەن:

---

3:2 **«كۆڭلۈم ناھايىتى تىت-تىت بولۇۋاتىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «روھىم ناھايىتى تىت-تىت بولۇۋاتىدۇ».

4:2 **«ئاندىن كالدىيلەر پادىشاھقا ئارامىي تىلىدا: ــ ئالىيلىرى مەڭگۈ ياشىغايلا! ... »** ــ مۇشۇ ئايەتتىن تارتىپ 1:8كىچە ئايەتلەر ئارامىي تىلىدا يېزىلغان.

5:2 دان. 29:3.

دۇنيادا ئالىيلىرىنىڭ سورىغان ئىشىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان
ھېچبىر ئادەم يوقتۇر. ھېچقانداق پادىشاھ، ئۇنىڭ قانداق ئۇلۇغ
ياكى كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رەمچى-پالچى، پىر-ئۇستاز
ياكى كالدىي مۇنەججىملەرگە مۇنداق تەلەپنى قويغان ئەمەس.
11 چۈنكى ئالىيلىرىنىڭ سورىغانلىرى ھەقىقەتەن ئالامەت مۈشكۈل،
ئىلاھلاردىن باشقا ھېچكىم ئۇنى ئايان قىلالمايدۇ. لېكىن ئىلاھلارنىڭ
ماكانى ئىنسانلار ئارىسىدا ئەمەس، ــ دېدى.
12 پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئاچچىقلانغان ھالدا، بابىل
ئوردىسىدىكى بارلىق دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈشنى ئەمر
قىلدى. 13 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ بارلىق دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش
توغرىسىدىكى بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. شۇڭا خىزمەتكارلىرى دانىيال
ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدىدى.

## خۇدانىڭ دانىيالغا چۈشنى ۋە مەنىسىنى ئايان قىلىشى

14 شۇ چاغدا دانىيال بابىلدىكى دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش ئەمرىنى
ئىجرا قىلغىلى چىققان پادىشاھنىڭ خۇسۇسىي مۇھاپىزەتچىلەر
باشلىقى ئارىئوققا ئاقىلانە ۋە دانىشمەنلەرچە جاۋاب قايتۇرۇپ
15 ئۇنىڭدىن: ــ پادىشاھنىڭ چۈشۈرگەن پەرمانى نېمە ئۈچۈن شۇنچە
جىددىي؟ ــ دەپ سورىدى. ئارىئوق ئەھۋالنى دانىيالغا ئېيتىپ بەردى.
16 دانىيال دەرھال پادىشاھ ئالدىغا كىرىپ، پادىشاھتىن چۈشكە
تەبىر بەرگۈدەك ۋاقىت بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
17 ئاندىن دانىيال ئۆيىگە قايتىپ، ئەھۋالنى دوستلىرى ھانانىيا،
مىشائىل ۋە ئازارىيالارغا ئېيتىپ بەردى. 18 ئۇ ئۇلاردىن ئەرشتىكى
خۇدادىن بۇ چۈشنىڭ سىرى توغرۇلۇق رەھىم-شەپقەت ئىلتىجا

15:2 **«... پەرمانى نېمە ئۈچۈن شۇنچە جىددىي»** ــ ياكى «... پەرمانى نېمە ئۈچۈن شۇنچە قاتتىق؟».

16:2 **«پادىشاھتىن چۈشكە تەبىر بەرگۈدەك ۋاقىت بېرىشنى تەلەپ قىلدى»** ــ ياكى «پادىشاھتىن چۈشكە تەبىر بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋاقىت بېكىتىشنى تەلەپ قىلدى».

رەھىم-شەپقەت ئىلتىجا قىلىپ، مەن دانىيال ۋە دوستلىرىم تۆتىمىزنىڭ بابىلدىكى باشقا دانىشمەنلەر بىلەن بىللە ھالاك قىلىنماسلىقىمىزنى تىلەڭلار، دەپ تەلەپ قىلدى. [19] ئاندىن كېچىدە دانىيالغا غايىبانە كۆرۈنۈشتە شۇ سىرنىڭ يېشىمى ۋەھيي قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن دانىيال ئەرشتىكى خۇداغا ھەمدۇسانالار ئوقۇپ مۇنداق دېدى:

[20] «خۇدانىڭ نامى ئەبەدىلئەبەد مەدھىيىلەنگەي!
چۈنكى دانالىق ۋە كۈچ-قۇدرەت ئۇنىڭكىدۇر.
[21] ئۇ ۋاقىت، پەسىللەرنى ئۆزگەرتكۈچىدۇر؛
ئۇ پادىشاھلارنى يىقىتىدۇ،
ۋە پادىشاھلارنى تىكلەيدۇ؛
ئۇ دانالارغا دانالىق، ئاقىلانىلارغا ھېكمەت بېرىدۇ.
[22] ئۇ چوڭقۇر ۋە سىرلىق ئىشلارنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر،
قاراڭغۇلۇقتا يوشۇرۇنغان ئىشلارنى ياخشى بىلگۈچىدۇر،
نۇر ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىللىدۇر.
[23] ئى ماڭا دانالىق ۋە كۈچ بەرگەن ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ خۇداسى،
ساڭا شۈكۈر ۋە ھەمدۇسانالار ئېيتاي!
سەن ھازىرلا بىز دۇئا قىلغان ئىشنى ماڭا ئاشكارىلىدىڭ،
پادىشاھنىڭ سورىغان ئىشىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەردىڭ».

## دانىيالنىڭ پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشى

[24] ئاندىن دانىيال پادىشاھ بابىلدىكى دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈشكە تەيىنلىگەن ئارىئوقنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:
بابىلدىكى دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈرمىگەيلا. مېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرگەيلا، مەن پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەي، — دېدى.

---

22:2 ئايۇپ 8:32

[25] ئارىئوق شۇئان دانىيالنى پادىشاھ نېبوقادنەسارنىڭ ئالدىغا باشلاپ
كىرىپ، پادىشاھقا: ــ
«مەن يەھۇدىي ئەسىرلەر ئىچىدىن ئالىيلىرىنىڭ چۈشىگە تەبىر
بېرەلەيدىغان بىر كىشىنى تاپتىم» ــ دېدى.
[26] پادىشاھ دانىيال (بەلتەشاسار دەپمۇ ئاتىلىدۇ)غا:
«سەن مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈمنى ئايان قىلىپ، ئۇنىڭغا تەبىر
بېرەلەمسەن؟ ــ دېدى.
[27] دانىيال پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب بەردى:
ئى ئالىيلىرى، سىلى سورىغان بۇ سىرنى دانىشمەن، پىر-ئۇستاز،
رەمچى-پالچى ۋە مۇنەججىملار ئۆزلىرىگە يېشىپ بېرەلمەيدۇ. [28] بىراق
ئەرشتە سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى بىر خۇدا بار. ئۇ بولسا ئالىيلىرىغا
ئاخىرقى زامانىنىڭ كۈنلىرىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئايان
قىلدى. ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ چۈشىنى، يەنى ئالىيلىرى ئۇخلاۋاتقاندا
كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلەرنى ئېيتىپ بېرەي: ــ
[29] ئى ئالىيلىرى، سىلى ئۇخلاشقا ياتقاندا كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى
ئويلاپ ياتتىلا. سىرلارنى بىردىنبىر ئاشكارىلىغۇچى ئۆزلىرىگە يۈز
بېرىدىغان ئىشلارنى كۆرسەتتى. [30] ماڭا كەلسەك، بۇ سىرنىڭ ماڭا ئايان
قىلىنغىنى مېنىڭ باشقا جان ئىگىلىرىدىن ئارتۇق ھېكمەتكە ئىگە
بولغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى، شۇنداقلا شاھ
ئالىيلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئويلىرىنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىش
ئۈچۈندۇر.
[31] ــ ئەي ئالىيلىرى، سىلى غايىبانە ئالامەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا
تۇرغان گىگانت بىر ھەيكەلنى كۆردىلە. بۇ ھەيكەل ناھايىتى گەۋدىلىك
بولۇپ، زور نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك ھەم قورقۇنچلۇق
ئىدى. [32] ھەيكەلنىڭ بېشى ئېسىل ئالتۇندىن، كۆكرىكى ۋە قوللىرى
كۈمۈشتىن، بەل ۋە ساغرىلىرى مىستىن، [33] يۇتا-پاچىقى تۆمۈردىن،

28:2 **«ئالىيلىرى ئۇخلاۋاتقاندا كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلەر...»** ــ ئارامىي تىلدا: «سىلى كارىۋاتتا ياتقاندا كالىلىرىدا كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلەر..» دېيىلىدۇ.

پۇتى تۆمۈر بىلەن لايىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان. [34] ئۆزلىرى ئۇنى كۆرۈۋاتقان چاغلىرىدا، ئادەم قولى بىلەن قېزىلمىغان بىر تاش كېلىپ ھەيكەلگە ئۇرۇلۇپ ئۇنىڭ تۆمۈر بىلەن لايىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان پۇتىنى چېقىۋەتتى. [35] ئۇنىڭدىكى تۆمۈر، لاي، مىس، كۈمۈش، ئالتۇنلار شۇئان پارچە-پارچە قىلىنىپ، شامال ئۇلارنى بەئەينى يازلىق خاماندىكى توپىلارنى ئۇچۇرغاندەك، قايتا ھېچ تېپىلمىغۇدەك قىلىپ ئۇچۇرۇۋەتتى. لېكىن ھېلىقى تاش يوغىناپ، پۈتكۈل جاھاننى قاپلىغان غايەت زور بىر تاغقا ئايلاندى.
[36] كۆرگەن چۈشلىرى مانا شۇدۇر. ئەمدى بىز ئۆزلىرىگە بۇ چۈشنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىمىز.
[37] ئەي ئالىيلىرى، ئۆزلىرى پۈتكۈل پادىشاھلارنىڭ بىر پادىشاھى، ئەرشتىكى خۇدا سىلىگە پادىشاھلىق، نوپۇز، كۈچ ۋە شۆھرەت ئاتا قىلدى. [38] ئىنسان بالىلىرى، ھايۋاناتلار، ئۇچار-قاناتلار مەيلى قەيەردە تۇرسۇن، خۇدا ئۇلارنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ سىلىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھاكىم قىلدى. سىلى ئۇ ھەيكەلنىڭ ئالتۇن بېشىدۇرسىلا.
[39] ئۆزلىرىدىن كېيىن يەنە بىر پادىشاھلىق كېلىدۇ. لېكىن ئۇ سىلىنىڭ پادىشاھلىقلىرىغا يەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى بىر پادىشاھلىق، يەنى مىس پادىشاھلىق كېلىپ پۈتكۈل يەر يۈزىگە ھاكىم بولىدۇ.
[40] ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆتىنچى پادىشاھلىق بولسا تۆمۈردەك مۇستەھكەم بولىدۇ. تۆمۈر بارلىق باشقا نەرسىلەرنى چېقىۋېتىپ بويسۇندۇرغىنىدەك، شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ تۆمۈر پادىشاھلىق ئۆز ئالدىنقى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىنى ئېزىپ چېقىۋېتىدۇ.
[41] ئۆزلىرى كۆرگەندەك تۆمۈر بىلەن سېغىز لايىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن

---

36:2 **«ئەمدى بىز ئۆزلىرىگە بۇ چۈشنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىمىز»** — «بىز» دېگەن بۇ سۆز شۇبھىسىزكى، دانىيالنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۈچ دوستىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلغىنىنى بىلدۈرىدۇ.
**36:2** دان. 7

ياسالغان پۇت ۋە بارماقلار بۇ پادىشاھلىقنىڭ بۆلۈنمە بولۇپ
كېتىدىغىنىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق بۇ پادىشاھلىق تۆمۈردەك
كۈچكە ئىگە بولىدۇ، چۈنكى سىلى كۆرگەندەك، تۆمۈر بىلەن لاي
ئارىلاشقان. [42] تۆمۈر بىلەن لاينىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان پۇتنىڭ
بارماقلىرى ئۇ پادىشاھلىقنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۈچىيىدىغانلىقىنى،
بىر قىسمىنىڭ ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. [43] ئۆزلىرى تۆمۈر
بىلەن لاينىڭ ئارىلاشقانلىقىنى كۆردىلە. بۇ ئۇ پادىشاھلىقنىڭ
ھۆكۈمدارلىرى پادىشاھلىقنىڭ پۇقرالىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى
بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن تۆمۈر لاي بىلەن ئارىلاشمىغاندەك،
بىرلىشىپ كېتەلمەيدۇ. [44] ئۇ ئاخىرقى پادىشاھلار تەختتە ئولتۇرغان
مەزگىلدە، ئەرشتىكى خۇدا يىمىرىلمەس بىر پادىشاھلىق بەرپا
قىلىدۇ. بۇ پادىشاھلىق ھەرگىز باشقا بىر خەلققە ئۆتمەيدۇ؛ ئەكسىچە
ئۇ بۇ باشقا پادىشاھلىقلارنى ئۇزۇل-كېسىل گۇمران قىلىپ، ئۆزى
مەڭگۈ مەزمۇت تۇرىدۇ. [45] ئۆزلىرى ئادەم قولى بىلەن قېزىلمىغان بىر
تاشنىڭ تاغدىن چىققىنىنى ۋە ئۇنىڭ ھەيكەلدىكى تۆمۈر، مىس،
لاي، كۈمۈش، ئالتۇننى چېقىۋەتكەنلىكىنى كۆردىلە. شۇڭا ئۇلۇغ
خۇدا ئالىيلىرىغا كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بىلدۈرگەن.
كۆرگەن چۈشلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، بېرىلگەن تەبىر مۇتلەق
ئىشەنچلىكتۇر.

43:2 **«پادىشاھلىقنىڭ پۇقرالىرى بىلەن...»** — ئارامىي تىلىدا: «ئىنسانلارنىڭ نەسلى بىلەن....».

44:2 **«ئۇ ئاخىرقى پادىشاھلار»** — پۇتنىڭ بارماقلىرىنىڭ پادىشاھلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ باب ۋە 7-باب توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**44:2** دان. 33:3؛ 31:4؛ 27:6؛ 14:7، 27؛ مك. 7:4؛ لۇقا 33:1

45:2 **«ئۆزلىرى ئادەم قولى بىلەن قېزىلمىغان بىر تاشنىڭ تاغدىن چىققىنىنى ۋە ئۇنىڭ ھەيكەلدىكى تۆمۈر، مىس، لاي، كۈمۈش، ئالتۇننى چېقىۋەتكەنلىكىنى كۆردىلە...»** — بۇ بابتىكى بېشارەتلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**45:2** يەش. 14:8؛ 16:28؛ زەب. 22:118؛ زەك. 9:3؛ مات. 42:21-44؛ يۇھ. 31:3؛ 23:8

## پادىشاھنىڭ دانىيالغا ئىنئام بېرىشى

[46] ئاندىن پادىشاھ نېبوقادنەسار ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ دانىيالغا سەجدە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ھەدىيە بېرىپ خۇشپۇراق-ئىسرىق سېلىشنى ئەمر قىلدى. [47] پادىشاھ ئۇنىڭغا:
دەرۋەقە، سېنىڭ خۇدايىڭ ئىلاھلار ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھ، پادىشاھلارنىڭ خوجىسى ۋە سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى ئىكەن، چۈنكى سەن بۇ سىرنى يەشتىڭ! ــ دېدى.
[48] ئاندىن پادىشاھ دانىيالنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئېسىل سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى. ئۇ ئۇنى پۈتكۈل بابىل ئۆلكىسىگە ھاكىم بولۇشقا تەيىنلىدى ۋە ئۇنى بابىلدىكى دانىشمەن-ئەقىلدارلارنىڭ باش ئاقساقىلى قىلدى. [49] دانىيالنىڭ پادىشاھتىن تەلەپ قىلىشى بىلەن، پادىشاھ شادراك، مىشاك ۋە ئەبەدنېگولارنى بابىل ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلىدى. دانىيال ئۆزى ئوردا خىزمىتىدە قالدى.

## نېبوقادنەسارنىڭ ئالتۇن ھەيكەلگە چوقۇنۇشنى ئەمر قىلىشى

3 [1] پادىشاھ نېبوقادنەسار ئالتۇندىن ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز، كەڭلىكى ئالتە گەز كېلىدىغان بىر ھەيكەل ياساپ، بابىل ئۆلكىسىنىڭ دۇرا تۈزلەڭلىكىگە ئورناتتى. [2] پادىشاھ بارلىق ۋەزىر، ۋالىي، ھاكىم، مەسلىھەتچى، خەزىنىچى، سوتچى، سوراقچىلارنى شۇنداقلا ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھ نېبوقادنەسار ئورناتقان بۇ ئالتۇن ھەيكەلنى ئۆز

---

49:2 **«دانىيال ئۆزى ئوردا خىزمىتىدە قالدى»** ــ ئارامىي تىلىدا «دانىيال پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدا تۇراتتى». كونا زامانلاردا شەھەرنىڭ ياكى ئوردىنىڭ دەرۋازىسى بولسا، سوراقچىلار ھۆكۈم چىقىرىدىغان جاي ئىدى.

1:3 **«ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز، كەڭلىكى ئالتە گەز...»** ــ «گەز» (ياكى «جەينەك») جەينەكتىن قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقتۇر، تەخمىنەن 40-45 سانتىمېتر.

ئىلاھىغا ئاتاش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا پەرمان چۈشۈردى. [3] شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرلەر، ۋالىيلار، ھاكىملار، مەسلىھەتچىلەر، خەزىنىچىلەر، سوتچىلار، سوراقچىلار، شۇنداقلا ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئاتاش مۇراسىمىغا جەم بولدى. ئۇلار ھەيكەلنىڭ ئالدىدا تۇردى.

[4] جاكارچى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

ئەي ھەرقايسى ئەل-يۇرت، ھەرقايسى تائىپىلەردىن كەلگەنلەر، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان قوۋملار، [5] سىلەر سۇناي، نەي، قالۇن، لىرا، زىلتار، بۇلمان ۋە باشقا ھەرخىل سازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان، يەرگە باش ئۇرۇپ پادىشاھ نېبوقادنەسار ئورناتقان ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە قىلىڭلار. [6] كىمكى باش ئۇرۇپ سەجدە قىلمىسا، شۇئان دەھشەتلىك يالقۇنلاپ تۇرغان خۇمدانغا تاشلىنىدۇ، ــ دەپ جاكارلىدى.

[7] شۇڭا، سۇناي، نەي، قالۇن، لىرا، زىلتار، بۇلمان ۋە باشقا ھەرخىل سازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ھەرقايسى ئەل-يۇرت، ھەرقايسى تائىپىلەردىن كەلگەن، ھەرخىل تىلدا سۆزلىشىدىغان قوۋم يەرگە باش ئۇرۇپ نېبوقادنەسار ئورناتقان ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە قىلىشتى.

## كالدىيلەرنىڭ ئۈچ بۇرادەرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشى

[8] ئۇ چاغدا، بەزى كالدىيلەر ئالدىغا چىقىپ يەھۇدىيلار ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. [9] ئۇلار پادىشاھ نېبوقادنەسارغا:

ئى ئالىيلىرى، مەڭگۈ ياشىغايلا! [10] ئالىيلىرى سۇناي، نەي، قالۇن، لىرا، زىلتار، بۇلمان ۋە باشقا ھەرخىل سازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ھەممەيلەن يەرگە باش ئۇرۇپ ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە قىلسۇن، [11] شۇنداقلا كىمكى يەرگە باش ئۇرۇپ سەجدە قىلمىسا، ئۇ دەھشەتلىك يالقۇنلاپ تۇرغان خۇمدانغا تاشلانسۇن دەپ پەرمان قىلغانىدىلا.

---

5:3 **«لىرا»** ــ لىرا بولسا تۆت تارلىق بىر خىل ساز. **«بۇلمان»** ــ بۇلمان بولسا بىر خىل پۈۋلىنىدىغان ساز.

12 سىلى بابىل ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا
تەيىنلىگەن بىرنەچچە يەھۇدىي، يەنى شادراك، مىشاك، ئەبەدنېگولار
بار؛ ئى ئالىيلىرى، بۇ ئادەملەر سىلىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ.
ئۇلار پادىشاھىنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئىبادىتىدە بولمىدى ياكى پادىشاھ
ئورناتقان ئالتۇن ھەيكەلگىمۇ سەجدە قىلمايدۇ، ــ دېدى.
13 شۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ نېبوقادنەسار دەرغەزەپ بولۇپ، شادراك، مىشاك،
ئەبەدنېگولارنى ئۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنى ئەمر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار بۇ ئۈچەيلەننى پادىشاھ ئالدىغا ئەپكەلدى. 14 نېبوقادنەسار ئۇلارغا:
شادراك، مىشاك، ئەبەدنېگو، سىلەر راستتىن مېنىڭ ئىلاھلىرىمنىڭ
خىزمىتىدە بولمىدىڭلارمۇ ھەم مەن ئورناتقان ئالتۇن ھەيكەلگە
سەجدە قىلمىدىڭلارمۇ؟ 15 ھازىر سىلەر سۇناي، نەي، قالۇن، لىرا،
زىلتار، بۇلمان ۋە باشقا ھەرخىل سازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان،
مەن ياساتقان ھەيكەلگە سەجدە قىلىشقا تەييار تۇرساڭلار، ياخشى.
لېكىن سەجدە قىلمىساڭلار، سىلەر دەرھال دەھشەتلىك يالقۇنلاپ
تۇرغان خۇمدانغا تاشلىنىسىلەر. شۇ چاغدا قانداق ئىلاھ كېلىپ
سىلەرنى چاڭگىلىمدىن قۇتقۇزۇۋالىدىكىن، قېنى؟! ــ دېدى.
16 شادراك، مىشاك، ئەبەدنېگولار پادىشاھقا جاۋابەن:
ئى نېبوقادنەسار، بۇ ئىشتا بىز ئۆزىمىزنى ئاقلىشىمىز ھاجەتسىز.
17 بىز سەجدە قىلىپ كېلىۋاتقان خۇدايىمىز بىزنى دەھشەتلىك
يالقۇنلاپ تۇرغان خۇمداندىن قۇتقۇزالايدۇ؛ ئى ئالىيلىرى، ئۇ چوقۇم
ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدىن بىزنى قۇتقۇزىدۇ. 18 لېكىن بىزنى قۇتقۇزمىغان
تەقدىردىمۇ، ئالىيلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، بىز يەنىلا ئىلاھلىرىنىڭ
خىزمىتىدە بولمايمىز ۋە سىلى ئورناتقان ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە
قىلمايمىز، ــ دېدى.

## ئۈچ دوستنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇشى

19 بۇنى ئاڭلىغان ھامان پادىشاھ نېبوقادنەسارنىڭ تەرى بۇزۇلۇپ،
شادراك، مىشاك، ئەبەدنېگولارغا قاتتىق غەزەپلەندى. شۇنىڭ

بىلەن ئادەملىرىگە خۇمدانىنى ئادەتتىكىدىن يەتتە ھەسسە قاتتىق قىزىتىشنى بۇيرۇدى. [20] ئۇ قوشۇنىدىكى ئەڭ قاۋۇل پالۋانلارغا شادراك، مىشاك، ئەبەدنېگولارنى باغلاپ، دەھشەتلىك يالقۇنلاپ تۇرغان خۇمدانغا تاشلاشنى بۇيرۇدى. [21] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تونلىرى، ئىشتانلىرى، سەللىلىرى ۋە باشقا لىباس كىيىملىرى سېلىنمىغان ھالدا باغلىنىپ دەھشەتلىك يالقۇنلاپ تۇرغان خۇمدانغا تاشلاندى. [22] پادىشاھنىڭ ئەمرىنىڭ قاتتىقلىقى بىلەن خۇمداندىكى ئوت ئىنتايىن يالقۇنلاپ يېنىپ تۇراتتى، شۇڭلاشقا خۇمداندىن چىقىۋاتقان يالقۇن شادراك، مىشاك، ئەبەدنېگولارنى كۆتۈرگەن ئەسكەرلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. [23] شۇنداق قىلىپ شادراك، مىشاك، ئەبەدنېگو ئۈچەيلەن باغلاقلىق ھالدا دەھشەتلىك يالقۇنلاپ تۇرغان خۇمدانغا چۈشۈپ كەتتى.

[24] ئاندىن نېبوقادنەسار چۆچۈگەن ھالدا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، مەسلىھەتچى ۋەزىرلىرىدىن:

بىز باغلاپ ئوت ئىچىگە تاشلىغىنىمىز ئۈچ ئادەم ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ئۇلار جاۋابەن «شۇنداق، ئى ئالىيلىرى! ــ دېدى.

[25] پادىشاھ جاۋابەن:

مانا، مەن تۆت ئادەمنىڭ باغلاقسىز ھالدا ئوت ئىچىدە ئەركىن مېڭىپ يۈرۈۋاتقىنىنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ، ئۇلار قىلچە كۆيگەندەك ئەمەس؛ ھەمدە تۆتىنچى كىشى ئىلاھلارنىڭ ئوغلىدەك تۇرىدۇ! ــ دېدى.

## ئۈچەيلەننىڭ خۇمدان ئوتىدىن چىقىشى ۋە ئۆستۈرۈلۈشى

[26] شۇنىڭ بىلەن نېبوقادنەسار دەھشەتلىك يالقۇنلاپ تۇرغان خۇمداننىڭ ئاغزىغا يېقىن كېلىپ:

شادراك، مىشاك، ئەبەدنېگو! ھەممىدىن ئالىي ئىلاھنىڭ قۇللىرى، چىقىڭلار، ماياققا كېلىڭلار! ــ دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن شادراك، مىشاك ۋە ئەبەدنېگو ئوتتىن چىقتى.

27 بارلىق ۋەزىرلەر، ۋالىيلار، ھاكىملار ۋە پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچى ۋەزىرلىرى يىغىلىپ كېلىشىپ بۇ ئۈچەيلەنگە تىكىلىشىپ قاراشتى؛ ئۇلارنىڭ قىلچە كۆيگەن يېرى يوق ئىدى، چاچ-ساقاللىرىمۇ كۆيمىگەن، كىيىم-كېچەكلىرىمۇ شۇ پېتى ئىدى، ئۇستى-بېشىدىمۇ ئىس-تۈتەكنىڭ پۇرىقى يوق ئىدى.

28 نېبوقادنەسار مۇنداق دېدى:

شادراك، مەشاك، ئەبەدنېگولارنىڭ خۇداسىغا شۈكۈر-سانالار بولغاي! ئۇ ئۆز پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە تايانغان قۇللىرىنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھقا خىزمەت قىلماسلىق ئۈچۈن ۋە ياكى باش ئۇرۇپ سەجدە قىلماسلىق ئۈچۈن، پەقەت ئۆز خۇدايىمىزنىڭلا ئىبادىتىدە بولىمىز دەپ پادىشاھنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ ھاياتىنى تەۋەككۈل قىلدى. 29 ئەمدى مەن شۇنداق پەرمان چۈشۈرىمەنكى: قايسى ئەل-يۇرت بولسۇن، قايسى تائىپىلەردىن كەلگەن بولسۇن، قايسى تىلدا سۆزلىشىدىغانلار بولسۇن، شادراك، مەشاك، ئەبەدنېگولارنىڭ خۇداسىغا قارا چاپلايدىكەن، پۈتۈن تېنى قىيما-چىيما قىلىنسۇن، ئۆيلىرى ھاجەتخانىغا ئايلاندۇرۇلسۇن! چۈنكى بۇنداق قۇتقۇزالايدىغان باشقا ئىلاھ يوق.

30 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ شادراك، مەشاك، ئەبەدنېگو ئۈچەيلەننى ئۆستۈرۈپ، بابىل ئۆلكىسىدە يۇقىرى مەنسەپكە تەيىنلىدى.

## نېبوقادنەسارنىڭ ئىككىنچى چۈشى توغرۇلۇق يازغان خېتى

4 1 «مەنكى پادىشاھ نېبوقادنەساردىن يەر يۈزىدىكى ھەربىر ئەل-يۇرتقا، ھەرقايسى تائىپىلەرگە، ھەرخىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان

---

28:3 «... پادىشاھنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ ھاياتىنى تەۋەككۈل قىلدى» — ئارامىي تىلدا «... پادىشاھنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ تەنلىرىنى تەۋەككۈل قىلدى».

29:3 دان. 5:2

**قوۋملارغا ئامان-ئېسەنلىك ئېشىپ-تېشىپ تۇرغاي!**
**[2] ھەممىدىن ئالىي خۇدا ماڭا كۆرسەتكەن ئالامەتلەرنى ۋە كارامەتلەرنى**
**جاكارلاشنى لايىق تاپتىم. [3] ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك**
**ئالامەتلىرى نېمىدېگەن ئۇلۇغ! ئۇنىڭ كارامەتلىرى نېمەدېگەن**
**قالتىس! ئۇنىڭ پادىشاھلىقى پۈتمەس-تۈگىمەستۇر، ئۇنىڭ**
**ھاكىملىقى دەۋردىن-دەۋرگىچە داۋاملىشىدۇ!**
**[4] مەنكى نېبوقادنەسسار ئۆيۈمدە بىخارامان ئولتۇرغىنىمدا، ئوردامدا**
**باياشات تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقىنىمدا، [5] مېنى ئىنتايىن قورقۇتۇۋەتكەن**
**بىر چۈشنى كۆردۈم، ئورنۇمدا ياتقىنىمدا بېشىمدىكى ئويلار ۋە**
**كاللامدىكى غايىبانە ئالامەتلەر مېنى ئالاقزادە قىلدى.**
**[6] بابىلدىكى بارلىق دانىشمەنلەرنى ئالدىمغا چاقىرىشقا پەرمان**
**بېرىپ، ئۇلارنىڭ چۈشۈمگە تەبىر بېرىشىنى بۇيرۇدۇم. [7] شۇنىڭ**
**بىلەن بارلىق رەمچى-پالچى، پىر-ئۇستاز، كالدىيلەر ۋە مۇنەججىملار**
**كېلىشتى. مەن چۈشۈمنى ئېيتىپ بەردىم، لېكىن ئۇلار ماڭا تەبىرىنى**
**بېرەلمىدى. [8] لېكىن ئاخىردا دانىيال كىردى (ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى**
**بەلتەشاسار بولۇپ، مېنىڭ ئىلاھىمنىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان).**
**مۇقەددەس ئىلاھلارنىڭ روھى ئۇنىڭدا ئىكەن. مەن چۈشۈمنى ئېيتىپ،**
**ئۇنىڭغا:**
**[9] ــ ئەي پالچىلارنىڭ باشلىقى بەلتەشاسار، مۇقەددەس ئىلاھلارنىڭ روھى**
**سەندە ئىكەنلىكىنى، ساڭا ھېچقانداق سىر تەس كەلمەيدىغانلىقىنى**
**بىلدىم، شۇڭا مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈمدىكى غايىبانە ئالامەتلەرنى**
**چۈشەندۈرگەيسەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا تەبىر بەرگەيسەن، ــ دېدىم.**
**[10] ــ مەن ئورنۇمدا ياتقىنىمدا كاللامدا مۇنداق غايىبانە ئالامەتلەرنى**

---

**3:4** زەب. 1:93، 2؛ دان. 27:6

7:4 **«بېرەلمىدى»** ــ ياكى «بەرمىدى»

9:4 **«ئەي پالچىلارنىڭ باشلىقى بەلتەشاسار، مۇقەددەس ئىلاھلارنىڭ روھى سەندە ئىكەن...»** ــ بۇ پادىشاھنىڭ كۆز-قارىشى. دانىيال ئۆزى پالچە ئەمەس، ئەلۋەتتە. پالچىلىق تەۋراتتا قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

كۆردۈم: مانا، يەر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن؛
ئۇ تولىمۇ ئېگىزمىش. 11 ئۇ بارغانسېرى چوڭ ھەم مەزمۇت ئۆسۈپ،
ئاسمانغا تاقىشىپتۇ، ئۇ دۇنيانىڭ چەتلىرىگىمۇ كۆرۈنىدىكەن.
12 ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى چىرايلىق، مېۋىسى ئىنتايىن مول ئىكەن.
ئۇنىڭدا پۈتكۈل دۇنياغا يەتكۈدەك ئوزۇق بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئاستىدا
دالادىكى ھايۋانلار سايىداشىدىكەن، شاخلىرىدا ئاسماندىكى ئۇچار-
قاناتلار ماكان قىلىدىكەن؛ مېۋىسىدىن بارلىق ئەت ئىگىلىرىمۇ
ئوزۇقلىنىدىكەن.
13 ئورنۇمدا يېتىپ، كاللامدا كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلەرنى كۆرۈۋاتىمەن،
مانا، ئاسماندىن بىر كۆزەتچى مۇئەككەل، يەنى مۇقەددەس بىر
پەرىشتە چۈشۈپ، 14 مۇنداق جاكارلىدى:
«دەرەخنى كېسىپ، شاخلىرىنى قىرقىپ، يوپۇرماقلىرىنى ۋە
مېۋىلىرىنى قېقىپ چۈشۈرۈپ چېچىۋېتىڭلار. دەرەخ تۈۋىدىكى ياۋايى
ھايۋانلار ئۇنىڭدىن يىراقلاشسۇن، ئۇنىڭ شاخلىرىدىكى قۇشلار
تېزىپ كەتسۇن. 15 يەردە پەقەت كۆتۈكىنىلا يىلتىزى بىلەن، مىس ۋە
تۆمۈر بىلەن چەمبەرلەپ، يۇمران ئوت-چۆپلەر بىلەن بىللە دالادا
قالدۇرۇڭلار. ئۇ ئاسماندىكى شەبنەمدىن چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ
تۇرسۇن. ئۇنىڭ نېسىۋىسى ئوت-چۆپ يەيدىغان ياۋايى ھايۋانلار بىلەن
بىللە بولسۇن. 16 ئادەمىي ئەقلىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ياۋايى
ھايۋانلارنىڭ ئەقلى بېرىلسۇن، شۇنداقلا شۇ ھالەتتە «يەتتە ۋاقىت»
تۇرسۇن. 17 دۇنيادىكى جان ئىگىلىرى ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ
ئىنسانلارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ھەممىسىنى ئىدارە قىلىدىغانلىقى،

---

13:4 **«...مۇقەددەس بىر پەرىشتە چۈشتى»** — ئارامىي تىلىدا «بىر مۇقەددەس بولغۇچى چۈشتى».

16:4 **«ئادەمىي ئەقلىدىن مەھرۇم قىلىنىپ»** — ئارامىي تىلىدا «ئادەمىي كۆڭۈلدىن مەھرۇم قىلىنىپ». **«ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەقلى»** — ئارامىي تىلىدا «ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يۈرىكى». **«...شۇنداقلا شۇ ھالەتتە «يەتتە ۋاقىت» تۇرسۇن»** — «يەتتە ۋاقىت» مۇقەددەس كىتابتا دېيىلگىنى بويىچە، يەتتە يىلنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما بابىللىقلارنىڭ كالېندارىدىكى بىر يىل 360 كۈن بولغاچقا، بەلكىم 2520 كۈن بولۇشى كېرەك. بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

شۇنداقلا ئۇنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئۆزى تاللىغان كىشى (مەيلى
ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئادەم بولسىمۇ)گە بېرىدىغانلىقىنى بىلسۇن
دەپ، بۇ ھۆكۈم قارىغۇچى مۇئەككەللەرنىڭ پەرمانى بىلەن، يەنى
مۇقەددەس پەرىشتىلەرنىڭ قارار بۇيرۇقى بىلەن بەلگىلەنگەندۇر».
18 — مەن پادىشاھ نېبوقادنەسار مانا شۇنداق چۈشنى كۆردۈم. ئەي
بەلتەشاسار، چۈشۈمگە تەبىر بەرگەيسەن. پادىشاھلىقىمدىكى
دانىشمەنلەر ئىچىدە مەن ئۈچۈن بۇنىڭغا تەبىر بېرەلەيدىغان
بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. لېكىن سەن تەبىر بېرەلەيسەن، چۈنكى ئەڭ
مۇقەددەس ئىلاھلارنىڭ روھى سەندە ئىكەن.
19 شۇنىڭ بىلەن بەلتەشاسار دەپمۇ ئاتالغان دانىيال بىر ھازا
ھەيرانلىقتا ئالاقزادە بولدى ۋە چۈش توغرىسىدا ئويلاپ تولىمۇ بىئارام
بولدى.
پادىشاھ: — ئەي بەلتەشاسار، بۇ چۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىرى سېنى ئالاقزادە
قىلمىسۇن، — دېدى.
بەلتەشاسار جاۋابەن:
ئى ئالىيلىرى، بۇ چۈش سىلىدىن نەپرەتلەنگەنلەرگە بولسۇن، ئۇنىڭ
تەبىرى ئۆزلىرىگە ئەمەس، دۈشمەنلىرىگە چۈشكەي! 20-21 بارغانسېرى
ئۆسۈپ مەزمۇت بولغان، ئېگىزلىكى ئاسمانغا تاقاشقىدىغان، پۈتكۈل
دۇنياغا كۆرۈنىدىغان، يوپۇرماقلىرى چىرايلىق، مېۋىسى ئىنتايىن
مول بولغان، پۈتكۈل دۇنياغا يەتكۈدەك ئوزۇق بولىدىغان، سايىسىدا
ياۋايى ھايۋانلار تۇرىدىغان، شاخلىرىدا ئۇچار قۇشلار ماكان قىلىدىغان
دەرەخ بولسا، يەنى سەن كۆرگەن دەرەخ — دەل ئۆزلىرىدۇر، ئى ئالىيلىرى!
چۈنكى سىلى چوڭ ۋە مەزمۇت ئۆستىلا؛ سىلىنىڭ ھەيۋەتلىرى
ئېشىپ پەلەككە يەتتى؛ ھۆكۈمرانلىقلىرى يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگە
يېتىپ باردى.
22 — چۈنكى سىلى چوڭ ۋە مەزمۇت ئۆستىلا؛ سىلىنىڭ ھەيۋەتلىرى

---

19:4 **«بىر ھازا ھەيرانلىقتا ئالاقزادە بولدى»** — ئارامىي تىلدا «بىرەر سائەت ھەيرانلىقتا ئالاقزادە بولدى».

ئېشىپ پەلەككە يەتتى؛ھۆكۈمرانلىقلىرى يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگە
يېتىپ باردى. 23 ئالىيلىرى قاراپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئاسماندىن
بىر قارىغۇچى، يەنى بىر مۇقەددەس پەرىشتە چۈشۈپ: «بۇ دەرەخنى
كېسىپ، خاراب قىلىڭلار. ھالبۇكى، يەردە كۆتىكىنىلا يىلتىزى بىلەن
قالدۇرۇپ، مىس ۋە تۆمۈر بىلەن چەمبەرلەپ، يۇمران ئوت-چۆپلەر
بىلەن بىللە دالادا قالدۇرۇڭلار. ئۇ ئاسماندىكى شەبنەمدىن چىلىق-
چىلىق ھۆل بولۇپ تۇرسۇن. «يەتتە ۋاقىت» بېشىدىن ئۆتكىچە ئۇنىڭ
نېسىۋىسى ئوت-چۆپ يەيدىغان ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بىللە بولسۇن،
ــ دەپتۇ.
24 ــ ئى ئالىيلىرى، چۈشلىرىنىڭ مەنىسى مانا شۇ ــ بۇلار بولسا
ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ پەرمانى بىلەن خوجام پادىشاھنىڭ
بېشىغا چۈشىدىغان ئىشلار ــ 25 ئۆزلىرى كىشىلەر ئارىسىدىن
ھەيدىۋېتىلىپ، ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بىللە ياشايدىلا، كالىلاردەك
ئوت-چۆپ بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدىلا، دالادا ئاسماندىكى شەبنەمدىن
چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ تۇرىدىلا. تاكى سىلى ھەممىدىن
ئالىي بولغۇچىنىڭ پۈتكۈل ئىنسان پادىشاھلىقىنى ئىدارە
قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزى تاللىغان ھەرقانداق
كىشىگە بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكۈچە، يەتتە ۋاقىت باشلىرىدىن
ئۆتىدۇ. 26 «دەرەخنىڭ كۆتىكىنى يىلتىزى بىلەن يەردە قالدۇرۇڭلار»
دەپ بۇيرۇلغانىكەن، ئۆزلىرى ئەرشلەرنىڭ ھەممىنى ئىدارە
قىلىدىغاننلىقىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن پادىشاھلىقلىرى
ئۆزلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ. 27 شۇڭا ئى ئالىيلىرى، مېنىڭ نەسىھىتىم
سىلىگە لايىق كۆرۈلگەي، گۇناھلىرىدىن قول ئۈزگەيلا، ئىشتا
ھەققانىي بولغايلا، قەبىھلىكلىرىدىن توختاپ كەمبەغەللەرگە
رەھىمدىللىق قىلغايلا. شۇنداق قىلغاندىلا بەلكىم داۋاملىق گۈللەپ
ياشىنىمامدىلا؟

25:4 دان. 5:21،20

28 بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ نېبوقادنەسارنىڭ بېشىغا چۈشتى.
29 ئون ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۇ بابىلدىكى پادىشاھلىق ئوردىسىنىڭ ئۆگزىسىدە سەيلە قىلىۋېتىپ:
30 — قاراڭلار، مەن ئۆز ئىززىتىم ۋە شان-شۆھرىتىم نامايان قىلىنسۇن دەپ، شاھانە ئوردامنىڭ جايلىشىشى ئۈچۈن زور كۈچۈم بىلەن ياسىغان ھەيۋەتلىك بابىل شەھىرى مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.
31 ئۇنىڭ سۆزى ئاغزىدىن تېخى ئۈزۈلمەيلا، ئاسماندىن بىر ئاۋاز چۈشۈپ:
ئەي پادىشاھ نېبوقادنەسار، بۇ سۆز ساڭا كەلدى: پادىشاھلىق سەندىن ئېلىندى.
32 سەن كىشىلەر ئارىسىدىن ھەيدىۋېتىلىپ، ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بىللە ماكان قىلىسەن ۋە كالىلاردەك ئوت-چۆپ يەيسەن؛ سەن ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ ئىنسان پادىشاھلىقىنى ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزى تاللىغان ھەرقانداق كىشىگە تۇتقۇزىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكۈچە يەتتە ۋاقىت بېشىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ — دېيىلدى.
33 بۇ سۆز نېبوقادنەساردا شۇئان ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن ھەيدىۋېتىلىپ، كالىلاردەك ئوت-چۆپ يەپ، تېنى شەبنەمدىن چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى بۈركۈتنىڭ پەيلىرىدەك، تىرناقلىرى قۇشنىڭ تىرناقلىرىدەك ئۆسۈپ كەتتى.
34 ئەمدى شۇ كۈنلەر توشقاندا، مەن نېبوقادنەسار ئاسمانغا كۆز تىكىپ قارىۋىدىم، ئەقىل-ھوشۇم ئەسلىگە كەلدى. مەن ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، مەڭگۈ ھايات تۇرغۇچىنى مەدھىيىلەپ، ھۆرمەت ئەيلىدىم.
ئۇنىڭ ھاكىملىقى مەڭگۈلۈك ھاكىملىقتۇر؛
ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىدۇر.
35 ئۇنىڭ ئالدىدا يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلار ھېچنېمە ھېسابلانمايدۇ؛

ئەرشتىكى قوشۇنلار ۋە زېمىندىكى ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇ نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ؛
ئۇنىڭ قولىنى كىم توسالىسۇن ياكى ئۇنىڭدىن «نېمە قىلىسەن؟» دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟
[36] شۇئانلا ئەقىل-ھوشۇم ئەسلىگە كەلدى؛ پادىشاھلىقىمنىڭ شان-شەرىپى، ئىززىتىم، پادىشاھلىق ھەيۋەممۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەسلىھەتچى ۋەزىرلىرىم ۋە ئەمىر-ئېسىلزادىلىرىم مېنى ئىزدەپ كەلدى. پادىشاھلىقىم مۇستەھكەملەندى؛ بۇرۇنقىدىنمۇ زور ھەيۋىگە ئېرىشىپ ئۇلۇغ بولدۇم.
[37] ئەمدى مەنكى نېبوقادنەسار ئەرشتىكى پادىشاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن، ئۇنى ئېگىز كۆتۈرىمەن ۋە ئۇنى ئىززەتلەيمەن:
ئۇنىڭ قىلغانلىرى ھەقتۇر،
ئۇنىڭ يوللىرى توغرىدۇر؛
ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق يولىدا ماڭغانلارنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرۈش قۇدرىتى باردۇر!».

## نېبوقادنەسارنىڭ نەۋرىسى پادىشاھ بەلشازارنىڭ زىياپىتى

5 [1] بىر كۈنى پادىشاھ بەلشازار ئەمىر-ئېسىلزادىلەردىن مىڭ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ كاتتا زىياپەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا شاراب ئىچىپ، ئەيش-ئىشرەت كەيپىنى سۈردى. [2] پادىشاھ بەلشازار

1:5 **«پادىشاھ بەلشازار ئەمىر-ئېسىلزادىلەردىن مىڭ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ...»** — پادىشاھ بەلشازار نېبوقادنەسارنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئەمەلىيەتتە شۇ كۈنلەردە ئۇ «مۇئاۋىن ئىمپېراتور» ئىدى؛ ئاتىسى نابونىدۇس ئىمپېراتور ئىدى، لېكىن ئۇ ئادەتتە بابىلدا تۇرمايتتى.
**«... ئۇلارنىڭ ئالدىدا شاراب ئىچىپ، ئەيش-ئىشرەت كەيپىنى سۈردى»** — بۇ باپتىكى 30-31-ئايەتلەردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا پارس قوشۇنلىرى بابىل شەھىرىنى ئالللىقاچان قورشىۋالغانىدى. ئەمدى بابىللار نېمىشقا زىياپەت قىلىدۇ؟ تارىخشۇناسلارنىڭ تەھلىلى بويىچە بابىل شەھىرى (ئا) ئىنتايىن مۇستەھكەم، سېپىلى ئېگىز شەھەر؛ (ئە) ئۇنىڭدا يىرگىرمە يىللىق ئوزۇق-تۈلۈك تويلانغانىدى. شۇڭا پادىشاھ ئۆزىنى تولىمۇ بىخەتەر، دەپ قارايتتى.

شارابنى تېتىپ كۆرۈپ، ئۆزى، ئەمىر-ئېسىلزادىلىرى، ئۆز خوتۇن-كېنىزەكلىرىنىڭ شارابنى ئاتىسى نېبوقادنەسار يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدىن ئولجىغا ئالغان ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان جام-قاچىلاردا ئىچىشكە، شۇ جام-قاچىلارنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى.
[3] نەۋكەرلەر دەرھال بېرىپ خۇدانىڭ يېروسالېمدىكى ئىبادەتخانىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئالتۇن جام-قاچىلارنى ئېلىپ چىقتى؛ پادىشاھنىڭ ئۆزى، ئەمىر-ئېسىلزادىلىرى، ئۇنىڭ خوتۇنلىرى ۋە كېنىزەكلىرى ئۇلاردا شاراب ئىچتى. [4] ئۇلار شاراب ئىچكەچ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، ياغاچ ۋە تاشلاردىن ياسالغان بۇتلارنى مەدھىيىلەشتى.
[5] دەل شۇ پەيتتە ئادەم قولىنىڭ بەش بارمىقى پەيدا بولۇپ، چىراغداننىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوردىنىڭ تام سۇۋىقىغا خەت يېزىشقا باشلىدى. پادىشاھ خەت يازغان قولنىڭ كۆرۈنگەن قىسمىنى كۆرۈپ، [6] چىرايى تاتىرىپ، كۆڭلىدە ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. پۇت-قوللىرى بوشىشىپ، پۇتلىرى تىترەپ كەتتى. [7] پادىشاھ قاتتىق ۋارقىراپ، پىر-ئۇستازلار، كالدىيلەر ۋە مۇنەججىملارنى چاقىرىشنى بۇيرۇدى. بابىلدىكى دانىشمەنلەر كەلگەن ھامان پادىشاھ ئۇلارغا:
كىمكى تامدىكى بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ مەنىسىنى ماڭا دەپ بېرەلىسە، ئۇنىڭغا سۆسۈن رەڭلىك بىر تون كىيگۈزۈلۈپ، بوينىغا ئالتۇن زەنجىر ئېسىلىپ، پادىشاھلىقتا ئۈچىنچى مەرتىۋە بېرىلىدۇ، ــ دېدى.

---

5:5 **«... چىراغداننىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوردىنىڭ تام سۇۋىقىغا خەت يېزىشقا باشلىدى»** ــ قىزىق بىر ئىش شۇكى، ئارخېئولوگلار قازغان ئاسارئەتىقىلەرگە ئاساسەن، بابىل ئوردىلىرىدىكى تاملار ئۇستىگە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غەلىبە-مۇۋەپپەقىيەتلىرى سۈرەت ۋە سۆزلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن. پادىشاھ زىياپەت قىلغاندا، ماختىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئۇرۇشلاردىكى غەلىبىسىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، چىراغدان بۇ رەسىملەرنىڭ ئۇدۇلىغا قويغۇزۇلاتتى.
6:5 **«پۇت-قوللىرى بوشىشىپ،...»** ــ ئارامىي تىلىدا: «بەل-ساغرىسىنىڭ بوغۇم-ئۇگىلىرى بوشىشىپ،..». بۇ ئىش-ۋەقە «يەش.» 41:45تىكى بېشارەتنىڭ بىر ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى. **«پۇتلىرى تىترەپ كەتتى»** ــ ئارامىي تىلىدا: «تىزلىرى بىر-بىرىنى قاققىلى تۇردى».
7:5 **«ئۇنىڭغا سۆسۈن رەڭلىك بىر تون كىيگۈزۈلۈپ،...»** ــ قەدىمكى زامانلاردا سۆسۈن رەڭ «شاھانە رەڭ» دەپ ھېسابلىناتتى.

[8]پادىشاھنىڭ دانىشمەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئوردىغا ھازىر بولدى؛
لېكىن ئۇلار نە خەتلەرنى ئوقۇيالمايتتى نە پادىشاھقا مەنىسىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. [9]بەلشازار تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ، چىرايى
تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى. ئەمىر-ئېسىلزادىلەرمۇ قانداق قىلىشنى
بىلەلمەي قالدى.
[10]پادىشاھ ۋە ئەمىر-ئېسىلزادىلەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازىنى ئاڭلىغان
خانىش زىياپەت زالىغا كىرىپ، پادىشاھقا مۇنداق دېدى:
ئى ئالىيلىرى، مەڭگۈ ياشىغايلا! ئالاقزادە بولۇپ كەتمىگەيلا،
چىرايلىرى تاتىراپ كەتمىگەي. [11]پادىشاھلىقلىرىدا بىر كىشى
بار، ئۇنىڭدا مۇقەددەس ئىلاھلارنىڭ روھى بار، ئاتىلىرى تەختتىكى
ۋاقتىدا، بۇ كىشىدە يورۇقلۇق، دانالىق ۋە ئەقىل-پاراسەت، يەنى
ئىلاھلارغا خاس ئەقىل-پاراسەت نامايان قىلىنغانىدى. ئاتىلىرى
نېبوقادنەسار، يەنى پادىشاھ ئاتىلىرى ئۇنى پۈتۈن رەمچى-پالچىلار،
پىر-ئۇستازلار، كالدىيلەر ۋە مۇنەججىملارنىڭ بېشى قىلىپ
تەيىنلىگەن. [12]بۇ كىشىدە ئالاھىدە بىر روھىي خۇسۇسىيەت،
بىلىم، ھېكمەت، چۈشلەرگە تەبىر بېرەلەيدىغان، تېپىشماقلارنى
يېشەلەيدىغان ۋە تۈگۈن-سىرلارنى ئاچالايدىغان قابىلىيەت بار ئىدى.
شۇ كىشىنىڭ ئىسمى دانىيال بولۇپ، پادىشاھ ئۇنىڭغا بەلتەشاسار
دەپمۇ ئىسىم قويغان. شۇڭا بۇ دانىيال چاقىرتىلسۇن، ئۇ چوقۇم بۇ
خەتلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدۇ.

## دانىيالنىڭ تامدىكى خەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشى

[13] شۇنىڭ بىلەن دانىيال پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى،
پادىشاھ دانىيالدىن: ــ
پادىشاھ ئاتام يەھۇدا ئۆلكىسىدىن سۈرگۈن قىلىپ كەلگەن

---

10:5 **«...ۋارقىراشقان ئاۋازىنى ئاڭلىغان خانىش زىياپەت زالىغا كىرىپ،...»** ــ «خانىش» مۇشۇ يەردە بەلشازارنىڭ ئانىسى ياكى چوڭ ئانىسى (نېبوقادنەسارنىڭ ئايالى) بولسا كېرەك.

**11:5** دان. 2:47، 48

يەھۇدىيلار ئىچىدىكى ھېلىقى دانىيال سەنمۇ؟ ــ دەپ سورىۋىدى، [14] ــ
سەن توغرۇلۇق خەۋىرىم بار، سەندە مۇقەددەس ئىلاھلارنىڭ روھى،
شۇنداقلا يورۇقلۇق، دانالىق ۋە ئالاھىدە ئەقىل-پاراسەت بار ئىكەن
دەپ ئاڭلىدىم. [15] ئەمدى دانىشمەنلەر ۋە پىر-ئۇستازلارنى تامدىكى
خەتنى ئوقۇپ، مەنىسىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بەرسۇن دەپ ئالدىمغا
چاقىرتىپ كېلىندى؛ لېكىن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ھېچقايسىسى
يېشىپ بېرەلمىدى. [16] بىراق سەن توغرۇلۇق ئاڭلىغانمەنكى، سەن
سىرلارنى چۈشەندۈرەلەيدىكەنسەن ۋە تۈگۈنلەرنى يېشەلەيدىكەنسەن.
ئەگەر بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ، مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىسەڭ، ساڭا
سۆسۈن رەڭلىك تون كىيگۈزۈلىدۇ، بوينۇڭغا ئالتۇن زەنجىر ئېسىلىدۇ،
پادىشاھلىقتا ئۈچىنچى دەرىجىلىك مەرتىۋىگە ئېرىشىسەن، ــ دېدى.
[17] دانىيال پادىشاھقا مۇنداق جاۋاب بەردى:
ئالىيلىرىنىڭ ئىنئاملىرى ئۆزلىرىدە قالسۇن، مۇكاپاتلىرىنى باشقا
كىشىگە بەرگەيلا. ئەمدىلىكتە مەن ئالىيلىرىغا بۇ خەتنى ئوقۇپ،
مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەي. [18] ــ ئى ئالىيلىرى، ھەممىدىن ئالىي
خۇدا ئاتىلىرى نېبوقادنەسارغا پادىشاھلىق، ئۇلۇغلۇق، شان-شەرەپ
ۋە ھەيۋەت بەردى. [19] ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇلۇغلۇقتىن ھەرقايسى
ئەل-يۇرت، ھەرقايسى تائىپىلەر ۋە ھەرخىل تىلدا سۆزلىشىدىغان
قوۋملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىدا تىترەپ قورقۇپ تۇراتتى؛
ئۇ كىمنى خالىسا شۇنى ئۆلتۈرەتتى، كىمنى خالىسا شۇنى تىرىك
قوياتتى؛ كىمنى خالىسا شۇنى مەرتىۋىلىك قىلاتتى، كىمنى خالىسا
شۇنى پەس قىلاتتى. [20] لېكىن ئۇ كۆڭلىدە تەكەببۇرلىشىپ، روھ-
قەلبىدە مەغرۇرلىنىپ مىجەزى تەرسالىشىپ، پادىشاھلىق تەختىدىن
چۈشۈرۈلۈپ، ئىززىتىدىن مەھرۇم قىلىندى. [21] ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن
ھەيدىۋېتىلىپ، ئۇنىڭغا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەقلى بېرىلدى. ئۇ ياۋا
ئېشەكلەر بىلەن بىللە ماكانلىشىپ، كالىلاردەك ئوت-چۆپ يېگۈزۈلدى،
تېنى شەبنەمدىن چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى، تاكى ئۇ ھەممىدىن
ئالىي خۇدانىڭ ئىنسان پادىشاھلىقىنى ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى ۋە

**ئۇ پادىشاھلىقىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزى تاللىغان ھەرقانداق كىشىگە**
**بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكۈچە شۇ ھالەتتە بولدى.**
**[22] ئەي بەلشازار، نېبوقادنەسارنىڭ ئوغلى تۇرۇپ ئۆزلىرى بۇلارنىڭ**
**ھەممىسىدىن خەۋەرلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى تۆۋەن قىلمىدىلا.**
**[23] ئەكسىچە تەكەببۇرلىشىپ ئەرشتىكى رەبگە قارشى تۇردىلا. سىلى**
**ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئۇلجا ئالغان جام-قاچىلارنى ئېلىپ كېلىپ،**
**ئۆزلىرى، ئەمىر-ئېسىلزادىلىرى، ئۆز خوتۇنلىرى ۋە كېنىزەكلىرىمۇ**
**ئۇلاردا شاراب ئىچتىڭلار ئاندىن كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان ۋە**
**ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، ياغاچ ۋە**
**تاشلاردىن ياسالغان بۇتلارنى مەدھىيىلىدىلە. ھالبۇكى، سىلىنىڭ**
**نەپەسلىرىنى ئۆز قولىدا تۇتقان ۋە سىلىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى**
**ئۆز ئىلكىدە تۇتقان خۇدانى ئۇلۇغلىمىدىلا. [24] شۇڭا، خۇدا بۇ قولنىڭ**
**كۆرۈنگەن قىسمىنى ئەۋەتىپ بۇ خەتلەرنى يازدۇردى.**
**[25] بۇ خەتلەر: «مېنې، مېنې، تەكەل، ئۇپھارسىن» دېگەندىن ئىبارەت.**
**[26] بۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى: ــ «مېنې» ــ خۇدا سىلىنىڭ**
**پادىشاھلىقلىرىنىڭ ھېسابىنى قىلىپ، ئۇنى ئاياغلاشتۇردى.**
**[27] «تەكەل» ــ سىلى تارازىدا تارتىلىۋىدىلا، كەم چىقتىلا.**
**[28] «پەرەس» ــ پادىشاھلىقلىرى پارچىلىنىپ، مېدىئالىقلار بىلەن**
**پارسلارغا تەۋە قىلىندى.**

---

**21:5** دان. 22:4

**25:5 «مېنې»** ــ «ساناش» ياكى «ھېسابلاش» دېگەن سۆزى بىلەن، **«تەكەل»** ــ «تارازىدا تارتىش» دېگەن سۆزى بىلەن، **«ئۇپھارسىن»** ــ «پارچىلىنىش» دېگەن سۆزى بىلەن ئاھاڭداش بولىدۇ.

—ئارامىي تىلىدىن ئىبرانىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنسا «بىر مىنا، بىر شەكەل، يېرىم مىنا» دېگەن بولىدۇ. مىنا ۋە شەكەل ئىبرانىيلارنىڭ پۇل بىرلىكلىرى ئىدى.

**28:5 «پەرەس»** ــ «ئۇپھارسىن» دېگەن سۆزنىڭ بىرلىك شەكلى (25-ئايەتتە «ئۇپھارسىن» كۆپلۈك شەكلىدە). «پەرەس» («ئۇپھارسىن») دېگەنلىك «پارس» سۆزى بىلەن يىلتىزداش بولۇپ، بۇ يەردە ئىككى بىسلىق مەنە بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ھەم پارچىلانغان ھەم پارسلارغا مەنسۇپ بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

[29] شۇنىڭ بىلەن بەلشازار دەرھال نەۆكەرلىرىگە ئەمر قىلىۋىدى، ئۇلار دانىيالغا سۆسۈن رەڭلىك تونىنى كىيدۈرۈپ، بوينىغا ئالتۇن زەنجىرنى ئېسىپ قويىدى؛ ئۇ ئۇ توغرۇلۇق: «پادىشاھلىق ئىچىدە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مەرتىۋىگە ئىگە بولسۇن» دەپ جاكارلىدى.
[30] شۇ كېچە كالدىيلەرنىڭ پادىشاھى بەلشازار ئۆلتۈرۈلدى.
[31] پادىشاھلىق بولسا مېدىئالىق دارىئۇسنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ تەخمىنەن ئاتمىش ئىككى ياشتا ئىدى.

## دانىيال شىرلار ئۆڭكۈرىدە

6 [1] پادىشاھ دارىئۇس پۈتۈن پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بىر يۈز يىگىرمە ۋەزىرنى ھەرقايسى يۇرتلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەشنى مۇۋاپىق كۆردى. [2] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ بۇ ۋەزىرلەرنى نازارەت قىلىپ، بۇ ۋەزىرلەرنىڭ ھېسابىنى ئېلىش، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىمىسۇن دەپ دانىيال ۋە باشقا ئىككى كىشىنى نازارەتچىلىككە تەيىنلىدى. [3] دانىيالدا ئالاھىدە بىر روھىي خۇسۇسىيەت بار بولغاچقا، ئۇ باشقا نازارەتچىلەردىن ۋە ۋەزىرلەردىن ئۈستىدارلىق چىقتى. شۇڭا پادىشاھ ئۇنى پۈتكۈل پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلىمەكچى بولدى. [4] شۇنىڭ بىلەن باشقا نازارەتچى ۋە ۋەزىرلەر ئۇنىڭ پادىشاھلىقتىكى مەمۇرىي ئىشلىرىدىن

---

31:5 **«پادىشاھلىق بولسا مېدىئالىق دارىئۇسنىڭ قولىغا ئۆتتى»** — ئارامىي تىلىدا «مېدىئالىق دارىئۇس پادىشاھلىقنى قوبۇل قىلدى».
—بابىل شەھىرىنىڭ قانداق ئىشغال قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى قىزىق تېما توغرۇلۇق «يەرەمىيا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە، «بابىل شەھىرىنىڭ ئۆرۈۋېتىلىشى توغرۇلۇق بېشارەتلەر» دېگەن بايانلىرىمىزنى كۆرۈڭ.
1:6 **«پادىشاھ دارىئۇس پۈتۈن پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن...»** — مۇشۇ «دارىئۇس»نىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئالىملار ئارىسىدا تالاش-تارتىش بار. بەزىلىرى ئۇنى پارسلىق قورەش، دەپ قارايدۇ. لېكىن مۇشۇ يەردە دارىئۇس «مېدىئالىق» دېيىلىدۇ ۋە 31:5گە قارىغاندا، ئۇ قورەشنىڭ قول ئاستىدا ئىدى («مېدىئالىق دارىئۇس پادىشاھلىقنى **قوبۇل قىلدى**» دېيىلىدۇ). ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئارخېئولوگلار تەتقىقاتلىرى بىلەن ئېنىقلىشى مۇمكىن.

سەۋەنلىك ئىزدىدى. لېكىن ئۇلار ئەرز قىلغۇدەك ھېچقانداق باھانە-
سەۋەب ياكى سەۋەنلىك تاپالمىدى. چۈنكى دانىيال دىيانەتلىك ۋە
ئىشەنچلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىلچە كەمچىلىك ياكى سەۋەنلىك
چىقىرالمىغانىدى. [5] شۇڭا شۇ ئادەملەر ئۆزئارا:
دانىيالنىڭ خۇداسىنىڭ قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىدىن باشقا،
ئۇنىڭدىن ئەيىبلىگۈدەك ھېچقانداق باھانە تاپالمايمىز، ــ دېيىشتى.
[6] شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
پادىشاھ دارىئۇس ئالىيلىرى مەڭگۈ ياشىغايلا! [7] ئالىيلىرىنىڭ
پادىشاھلىقلىرىدىكى بارلىق نازارەتچى، ۋالىي، ۋەزىر، مەسلىھەتچى،
ھاكىم ۋە ئەمەلدارلار بىرلىكتە مەسلىھەتلەشتۇق؛ ھەرقانداق كىشى
ئوتتۇز كۈن ئىچىدە ھەرقانداق ئىلاھقا ھەرقانداق دۇئا-تىلاۋەت
قىلىشقا ۋە ياكى ھەرقانداق كىشىدىن بىر نەرسە تىلەشكە رۇخسەت
بولمىسۇن، ئى ئالىيلىرى، پەقەت سىلىدىنلا تىلىشى رۇخسەت
بولسۇن دېگەن شاھانە يارلىقنىڭ چۈشۈرۈلۈشىنى لايىق كۆردۇق. بۇ
پەرمان قەتئىي بولسۇن، كىمكى بۇ پەرمانغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇ شىرلار
ئۆڭكۈرىگە تاشلانسۇن! [8] ئەمدى، ئى ئالىيلىرى بۇ پەرماننى بېكىتىپ
چۈشۈرگەيلا، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلمەسلىكى ئۈچۈن يارلىقنامىگە ئىمزا
قويغايلا؛ چۈنكى مېدىئا ۋە پارس قانۇنى بويىچە، پەرمان چىقىرىلىشى
بىلەنلا ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ــ دېدى.
[9] شۇنىڭ بىلەن دارىئۇس پەرماننى بېكىتىپ يارلىقنامىغا قول قويدى.

---

7:6 **«ئالىيلىرىنىڭ پادىشاھلىقلىرىدىكى بارلىق نازارەتچى، ۋالىي، ۋەزىر، مەسلىھەتچى، ھاكىم ۋە ئەمەلدارلار...»** ــ ئۇلارنىڭ بۇ بايانىدىكى «بارلىق» دېگەن سۆز يالغانچىلىق ئىدى؛ چۈنكى دانىيال ئۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

**8:6** ئەست. 1:19؛ 8:8

9:6 **«شۇنىڭ بىلەن دارىئۇس پەرماننى بېكىتىپ يارلىقنامىغا قول قويدى.»** ــ 9-ئايەتنىڭ تولۇق مەنىسىنى بېكىتىش تەس. ئارامىي تىلىدا «شۇنىڭ بىلەن دارىئۇس پەرمان ۋە يارلىقنامىگە قول قويدى» دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئىككى يازما يارلىق بولغان بولسا كېرەك. پارس ئوردىسىدىكى قائىدە-نىزاملاردىن ئانچە خەۋىرىمىز بولمىغاچقا، نېمە ئۈچۈن ئىككى يارلىق كېرەك بولىدىغىنىنى بىلمەيمىز.

10 دانىيال بۇ يارلىقنامىگە ئىمزا قويۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆيىگە
قايتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە بىر بالىخانا بولۇپ، دېرىزىسى
يېرۇسالېمغا قارايدىغان بولۇپ، ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە
دېرىزىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم خۇداغا
دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ شۈكۈر ئېيتاتتى.
11 لېكىن ھېلىقى ئادەملەر بىللە كېلىپ دانىيالنىڭ خۇداغا دۇئا ۋە
تىلاۋەت قىلىۋاتقىنىنى كۆردى. 12 ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە پادىشاھنىڭ
ئالدىغا بېرىپ پەرمان توغرىسىدا گەپ ئېچىپ:
ئى ئالىيلىرى، ئۆزلىرى: ئوتتۇز كۈن ئىچىدە ئۆزلىرىدىن باشقا
ھەرقانداق ئىلاھدىن ياكى ھەرقانداق ئىنساندىن بىرەر نېمىنى
تىلىگەن ھەرقانداق كىشى شىرلار ئۆڭكۈرىگە تاشلانسۇن، دېگەن بىر
پەرمانغا ئىمزا قويغان ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
پادىشاھ: ــ دەرۋەقە شۇنداق قىلدىم، مېدىئا ۋە پارس قانۇنى بويىچە
پەرماننى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، ــ دېدى.
13 ئاندىن ئۇلار پادىشاھقا جاۋابەن:
يەھۇدادىن ئەسىر ئېلىپ كېلىنگەن كىشىلەردىن ھېلىقى دانىيال، ئى
ئالىيلىرى، سىلىنى ۋە سىلى ئىمزا قويغان پەرماننى كۆزگە ئىلمايدۇ،
بەلكى ھەر كۈندە ئۈچ قېتىم ئۆز دۇئا-تىلاۋىتىنى قىلىۋاتىدۇ، ــ
دېيىشتى.
14 بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۆز-ئۆزىگە كايىپ، كۆڭۈل قويۇپ دانىيالنى
قۇتقۇزۇشقا ئامال تاپماقچى بولۇپ، ئۇ كۈن پاتقۇچە ھەرخىل
قۇتقۇزۇش ئامالى ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈردى.
15 لېكىن ئاخىردا ئۇ كىشىلەر يەنە ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ پادىشاھنىڭ
ئالدىغا جەم بولۇپ ئۇنىڭغا:
ئى ئالىيلىرى، ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، مېدىئالار ۋە پارسلارنىڭ قانۇنى
دەل شۇكى، پادىشاھنىڭ بېكىتكەن ھەرقانداق قارارى ياكى پەرماننى

---

**10:6** 1پاد. 44:8؛ زەب. 17:55

ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ــ دېيىشتى.
[16] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئەمر قىلىشى بىلەن دانىيال تۇتۇپ
كېلىنىپ، شىرلار ئۆڭكۈرىگە تاشلاندى. پادىشاھ دانىيالغا:
سەن ئۈزۈلدۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان خۇدايىڭ سېنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ!
ــ دېدى.
[17] بىر تاش ئېلىنىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى ئۇنىڭ بىلەن ئېتىلدى؛
دانىيالنىڭ ئىشلىرىغا ھېچكىم ئارىلاشمىسۇن دەپ ئۇنى پادىشاھ
ئۆز مۆھۈرى ۋە ئۇنىڭ ئەمىر-ئەمەلدارلىرىنىڭ مۆھۈرلىرى بىلەن
مۆھۈرلىدى. [18] ئاندىن پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ كېچىنى روزا
تۇتۇپ ئۆتكۈزدى؛ ئۆزىنىڭ توقال-كېنىزەكلىرىدىن ھېچقايسىسىنى
ئۆز يېنىغا كەلتۈرمىدى، ئۇ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. [19] تاڭ ئېتىشى
بىلەنلا پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىراپ شىرلار ئۆڭكۈرىگە باردى.
[20] پادىشاھ ئۆڭكۈرگە يېقىنلىشىپ ئازابلانغان ھالدا دانىيالنى چاقىرىپ:
ئەي دانىيال، مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ قۇلى، سەن ئۈزۈلمەس ئىبادەت
قىلىدىغان خۇدايىڭ سېنى شىرلاردىن قۇتقۇزۇۋالمىدىمۇ؟ ــ دەپ
تووۋلىدى.
[21] دانىيال جاۋابەن:
ئى ئالىيلىرى، مەڭگۈ ياشىغايلا! [22] خۇدايىمنىڭ پەرىشتىسىنى
ئەۋەتىپ شىرلارنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرۇشى بىلەن ئۇلار ماڭا ھېچ
زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمىدى؛ چۈنكى ئۇ مەندىن ھېچقانداق
ئەيىب كۆرمىدى. ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ مەن ھېچقانداق زىيان
يەتكۈزگۈدەك ئىش قىلمىدىم، ــ دېدى.
[23] بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئادەملىرىنى دانىيالنى
ئۆڭكۈردىن ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دانىيالنى
ئۆڭكۈردىن ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن قىلچە زېدە-زەخمەت تاپالمىدى؛

---

18:6 «ئۆزىنىڭ توقال-كېنىزەكلىرىدىن ھېچقايسىسىنى ئۆز يېنىغا كەلتۈرمىدى» ــ ياكى، «ئۇ ھېچقانداق كۆڭۈل ئېچىشلارنىمۇ قىلمىدى». «ئۇ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى» ــ ئارامىي تىلىدا «ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى».

چۈنكى ئۇ خۇداسىغا تايانغانىدى. [24] ئاندىن پادىشاھ بۇيرۇق
چۈشۈردى، نەۋكەرلىرى دانىيالنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلارنىڭ
ھەممىسىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى بالا-چاقىلىرى ۋە خوتۇنلىرى بىلەن
قوشۇپ شىرلار ئۆڭكۈرىگە تاشلىۋەتتى. ئۇلار ئۆڭكۈر تېگىگە چۈشۈپ
بولمايلا شىرلار ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنىمۇ چايناپ
قىيما-چىيما قىلىۋەتتى.
[25] شۇ ئىشتىن كېيىن دارىئۇس پادىشاھ يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى
ئەل-يۇرت، ھەممە تائىپىلەر، ھەر تىلدا سۆزلىشىدىغان قوۋملارنىڭ
ھەممىسىگە مۇنداق پۈتۈك چۈشۈردى: —
«ھەممىڭلارغا ئامانلىق ئېشىپ-تېشىپ تۇرغاي!
[26] مەن ئۇشبۇ يارلىقنى چۈشۈرىمەنكى، پادىشاھلىقىمدىكى ھەربىر
يۇرتتىكى پۇقرالار دانىيالنىڭ خۇداسى ئالدىدا تىترەپ قورقسۇن!

چۈنكى ئۇ مەڭگۈ ھايات خۇدادۇر،
مەڭگۈ مۇستەھكەم ئۆزگەرمەستۇر،
ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ھالاك قىلىنماس،
ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئەبەدىلئەبەدگىچە بولىدۇ.
[27] ئۇ بالايىقازادىن قوغدايدۇ ۋە قۇتقۇزىدۇ،
ئۇ ئاسمانلاردىمۇ، يەر يۈزىدىمۇ ئالامەت-كارامەتلەرنى يارىتىدۇ،
ئۇ دانىيالنى شىرلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزدى».

[28] دانىيالنىڭ بولسا شۇ ئىشلاردىن كېيىن دارىئۇس ھۆكۈم سۈرگەن
مەزگىلدە، شۇنداقلا پارس پادىشاھى قورەش ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلاردا
ئىشلىرى راۋان يۈرۈشتى.

---

**26:6 «ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئەبەدىلئەبەدگىچە بولىدۇ»** — ئارامىي تىلدا «ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاخىرغىچە بولىدۇ».

**26:6** دان. 2:44؛ 4:3؛ 7:14، 27؛ لۇقا 1:33

## دانىيالنىڭ غايىبانە ئالامەتلەرنى بايان قىلغانلىقى
## تۆت زور مەخلۇقنى كۆرۈش

7 [1] بەلشازار بابىلغا پادىشاھ بولغان بىرىنچى يىلى دانىيال ئورنىدا
يېتىپ چۈشىدە بىرنەچچە غايىبانە ئالامەتلەرنى كۆردى. ئۇ
چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى مۇنداق يەكۈنلەپ خاتىرىلىۋالدى: ــ
[2] كېچىدە كۆرگەن غايىبانە كۆرۈنۈشتە مەنكى دانىيال شۇنى
كۆردۈمكى، ئاسماننىڭ تۆت تەرىپىدىن شامال چىقىپ، «ئۇلۇغ
دېڭىز» يۈزىگە ئۇرۇلماقتا ئىدى. [3] دېڭىزدىن شەكىللىرى بىر-بىرىگە
ئوخشىمايدىغان تۆت زور مەخلۇق چىقتى.
[4] بىرىنچى مەخلۇق شىرغا ئوخشايتتى، لېكىن بۈركۈتنىڭ قانىتى بار
ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغىنىمدا، قاناتلىرى يۇلۇندى؛ ئاندىن
ئۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى پۇتى يەرگە دەسسىتىلىپ ئادەمدەك
تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئىنسانىي بىر قەلب بېرىلدى.
[5] مانا يەنە بىر مەخلۇق، يەنى ئىككىنچىسى ئېيىققا ئوخشايتتى.
ئۇنىڭ بىر تەرىپى ئىككىنچى بىر تەرىپىدىن ئېگىزلىتىلدى. ئۇنىڭ
چىشلىرى ئۈچ قوۋۇرغىنى چىشلەپ تۇراتتى، بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا:
«ئورنۇڭدىن تۇر، گۆشنى يېيىشىڭچە يەۋال!» ــ دېدى.
[6] قاراپ تۇرغىنىمدا، مانا يەنە بىر مەخلۇق پەيدا بولدى. ئۇ يىلپىزغا
ئوخشايتتى، دۈمبىسىدە قۇشنىڭكىدەك تۆت قانىتى بار ئىدى؛ ئۇنىڭ
بېشى تۆت ئىدى. ئۇنىڭغا ھاكىمىلىق ھوقۇقى بېرىلدى.
[7] ئۇنىڭدىن كېيىن كېچىدىكى غايىبانە كۆرۈنۈشلەردە قاراپ
تۇرغىنىمدا، مانا تۆتىنچى بىر مەخلۇق پەيدا بولدى. ئۇ ئىنتايىن
قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ۋە ئاجايىپ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ يوغان
تۆمۈر چىشلىرى بىلەن ئوۋنى چاينىۋېتىپ ئېزىپ يۇتۇپ، قالدۇقىنى
پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ-چەيلەيتتى. ئۇ ئالدىنقى بارلىق مەخلۇققا

---

2:7 **«ئۇلۇغ دېڭىز»** ــ «ئوتتۇرا دېڭىز»نى كۆرسەتسە كېرەك.

**3:7** دان. 45-37:2

**4:7** دان. 34:4

ئۇخشىمايتتى؛ ئۇنىڭ ئون مۈڭگۈزى بار ئىدى. 8 مەن بۇ مۈڭگۈزلەرنى
كۆزىتىۋاتقىنىمدا، مانا مۈڭگۈزلەرنىڭ ئارىسىدىن يەنە بىر كىچىك
مۈڭگۈز ئۆسۈپ چىقتى. بۇ كىچىك مۈڭگۈزنىڭ ئالدىدا ئەسلىدىكى
مۈڭگۈزلەردىن ئۈچى يۇلۇۋېتىلدى. بۇ كىچىك مۈڭگۈزنىڭ
ئادەمنىڭكىدەك كۆزى ۋە چوڭ سۆزلەيدىغان ئاغزى بار ئىدى.

## مەڭگۈ هايات بولغۇچىنى كۆرۈش

9 مەن قاراپ تۇرغىنىمدا، ئۇ يەرگە بىرنەچچە تەختنىڭ قويۇلغانلىقىنى
كۆردۈم؛ ئۇلارنىڭ بىرىدە، «ئەزەلدىن بار بولغۇچى» ئورۇن ئېلىپ
ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى قاردەك ئاپئاق، چاچلىرى ئاپئاق قوزا
يۇڭىدەك ئىدى. ئۇنىڭ تەختى ئوت لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇنلار بولۇپ،
لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت چاقلىرىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. 10 ئۇنىڭ
ئالدىدىن گويا راۋان ئېقىپ تۇرغان دەريادەك ئوت يالقۇنى لاۋۇلداپ
ئېقىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ خىزمىتىدە تۇرغۇچىلار تۈمەن مىڭلىغان
ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈز مىليونلىغان هازىر تۇرغۇچىلار بار ئىدى.
سوراق باشلانغانلىقى جاكارلىنىپ، دەستۇرلار ئېچىلدى. 11 هېلىقى
كىچىك مۈڭگۈزنىڭ يوغان گەپلەرنى قىلىۋاتقان ئاۋازىدىن دىققىتىم
شۇنىڭغا تارتىلىپ قاراپ تۇراتتىم. قاراپ تۇرغىنىمدا، تۆتىنچى
مەخلۇق ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ جەسىتى هالاك قىلىنىپ، ئوتقا تاشلاپ
كۆيدۈرۈلۈشكە تاپشۇرۇلدى.
12 قالغان ئۈچ مەخلۇق بولسا، هاكىمىيىتىدىن مەهرۇم قىلىندى،
لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆمرى يەنە بىر مەزگىل ئۇزارتىلدى.

---

7:9 **«ئەزەلدىن بار بولغۇچى»** ــ ئەسلىدە ئىبرانىي تىلىدا «قەدىمكى كۈنلەردىن تارتىپ بار بولغۇچى» ــ يەنى خۇدا دېگەنلىكتۇر، ئەلۋەتتە.

7:10 **«...تۈمەن مىڭلىغان»** ــ ئارامىي تىلىدا: «... مىڭلىغان مىڭلىغان» ياكى «مىڭلىغان مىڭ» ــ دېمەك، بىرنەچچە مىليون. **«ئۇنىڭ خىزمىتىدە تۇرغۇچىلار تۈمەن مىڭلىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈز مىليونلىغان هازىر تۇرغۇچىلار بار ئىدى»** ــ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان خۇدانىڭ خىزمەتچىلىرى پەرىشتىلەر، ئەلۋەتتە. «ۋەھ.» 9:16نى كۆرۈڭ.

**7:10** ۋەھ. 5:11؛ 20:12

[13] كېچىدىكى غايىبانە كۆرۈنۈشلەردە مانا، مەن گويا ئىنسان ئوغلىغا ئوخشاش بىر زاتنىڭ ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىلەن كەلگىنىنى كۆردۇم. ئۇ «ئەزەلدىن بار بولغۇچى»نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا هازىر قىلىندى. [14] ھەر ئەل-يۇرت، ھەر تائىپە، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان قوۋملار ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن دەپ، سەلتەنەت، شۆھرەت ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقى ئۇنىڭغا بېرىلدى. ئۇنىڭ سەلتەنىتى مەڭگۈ سولاشماس سەلتەنەتتۇر، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مەڭگۈ ھالاك قىلىنماس.

## غايىبانە كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەبىرى

[15] مەنكى دانىيالنىڭ ۋۇجۇدۇم، دىل-روھىم بەك بىئاراملىقتا چۆمدى، كاللامدىكى غايىبانە ئالامەتلەر مېنى ئىنتايىن ئالاقزادە قىلدى. [16] مەن يېقىن تۇرغۇچىلاردىن بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ غايىبانە ئالامەتلەرنىڭ ھەقىقىتى توغرۇلۇق سورىدىم. ئۇ ماڭا تەبىر بېرىپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: ــ
[17] «بۇ تۆت زور مەخلۇق كەلگۈسىدە دۇنيادا باش كۆتۈرىدىغان تۆت پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ. [18] لېكىن ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى پادىشاھلىق ھوقۇقىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئەبەدىلئەبەدگىچە شۇنداق بولىدۇ».
[19] مەن باشقا ئۈچ مەخلۇقتا ئوخشىمايدىغان تۆتىنچى مەخلۇق، يەنى زور قورقۇنچلۇق، تۆمۈر چىشلىق، مىس تىرناقلىق، ئۆزنى چايناپ ئېزىپ يۇتۇپ، ئاندىن قالدۇقلىرىنى ئاياغلىرى بىلەن دەسسەپ-چەيلەيدىغان ھېلىقى مەخلۇق توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى، [20] شۇنداقلا

---

**13:7** دان. 27:7؛ زەب.6:2؛ ناھ. 3:1؛ مات. 30:24؛ 64:26؛ 1تېس. 17:4؛ ۋەھ. 7:1

**14:7** دان. 44:2؛ لۇقا 33:1

16:7 **«يېقىن تۇرغۇچىلار»** ــ پەرىشتىلەر بولسا كېرەك.

18:7 **«... مۇقەددەس بەندىلىرى پادىشاھلىق ھوقۇقىنى قوبۇل قىلىدۇ»** ــ قىزىق بىر يېرى شۇكى، «پادىشاھلىق» دېگەن كىمنىڭكى ياكى قايسى پادىشاھلىق ئېيتىلمىغان. نېمىشقا؟ جاۋاب چوقۇم شۇكى، شۇ چاغدا پەقەت بىرلا پادىشاھلىق، يەنى خۇدانىڭكى بولىدۇ.

**ئۇنىڭ بېشىدىكى ئون مۈڭگۈزىنىڭ ۋە كېيىن ئۆسۈپ چىققان كىچىك**
**مۈڭگۈز توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئېنىق بىلمەكچى بولدۇم ــ**
**ئۇنىڭ، يەنى ھېلىقى كىچىكىنىڭ ئالدىدا ئەسلىدە بار بولغان باشقا**
**ئۈچ مۈڭگۈز يۇلۇۋېتىلگەن، كۆزلىرى ۋە يوغان گەپ قىلىدىغان ئاغزى**
**بار بولۇپ، ئەنە باشقا مۈڭگۈزلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك**
**ئىدى.** [21] **قاراپ تۇرغىنىمدا، ئۇ كىچىك مۈڭگۈز خۇدانىڭ مۇقەددەس**
**بەندىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى؛**
[22] **«ئەزەلدىن بار بولغۇچى» كەلگەندە، ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى**
**ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىگە بېرىلدى.**
**شۇنىڭ بىلەن بېكىتىلگەن ۋاقتى كېلىپ، خۇدانىڭ مۇقەددەس**
**بەندىلىرى پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.**
[23] **تەبىر بەرگۈچى چۈشەندۈرۈپ يەنە مۇنداق دېدى: ــ**
**«تۆتىنچى مەخلۇق كەلگۈسى دۇنيادا باش كۆتۈرىدىغان تۆتىنچى**
**بىر پادىشاھلىق بولۇپ، ئۇ باشقا ھەرقانداق پادىشاھلىقلارغا**
**ئوخشىمايدۇ. ئۇ پۈتكۈل دۇنيانى يۇتۇپ، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىپ،**
**كۇكۇم-تالقان قىلىدۇ.**
[24] **ئون مۈڭگۈز بولسا، بۇ پادىشاھلىقتىن چىقىدىغان ھۆكۈمرانلىق**
**قىلىدىغان ئون پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن يەنە بىر پادىشاھ**
**مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇ ئىلگىرىكى پادىشاھلارغا ئوخشىمايدۇ؛**
**ئۇ ئۈچ پادىشاھنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ.** [25] **ئۇ ھەممىدىن ئالىي**
**بولغۇچىغا قارشى كۇپۇرلۇق سۆزلەرنى قىلىدۇ ھەمدە ھەممىدىن**
**ئالىي بولغۇچىنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنى ھالسىزلاندۇرىدۇ.**
**ئۇ كالېندارنى، ھېيت-ئايەملەرنى ۋە مۇقەددەس قانۇنلارنى**

---

22:7 **«شۇنىڭ بىلەن بېكىتىلگەن ۋاقتى كېلىپ، خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇنىڭ بىلەن بېكىتىلگەن ۋاقتى كېلىپ، ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى».

**23:7** دان. 2:40-44

**24:7** دان. 2:40-44

ئۆزگەرتىۋېتىشنى قەستلەيدۇ. خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى
«ئۈچ يېرىم ۋاقىت» ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ. [26] ئاندىن
خۇدانىڭ سوتى ئېچىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىدارە قىلىش ھوقۇقى
تارتىۋېلىنىپ، مەڭگۈلۈك ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىلىدۇ.
[27] لېكىن ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ھوقۇقى، يەنى دۇنيادىكى ھەرقايسى
پادىشاھلىقلارنىڭ سەلتەنىتى ۋە شۆھرىتى ھەممىدىن ئالىي
بولغۇچىنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىگە، يەنى خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە
ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مەڭگۈ بىر پادىشاھلىقتۇر،
دۇنيادىكى پۈتۈن ھۆكۈمدارلار ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئۇنىڭغا
ئىتائەت قىلىدۇ».
[28] بۇ ئىش مانا مۇشۇ يەرگىچە بولدى. مەنكى دانىيال، ئۆز ئويلىرىم
ئۆزۈمنى ئالاقزادە قىلدى، چىرايىم تاتىرىپ كەتتى. بىراق بۇ ئىشنى
قەلبىمدە پۈكۈپ ساقلىدىم.

25:7 **«ئۈچ يېرىم ۋاقىت»** — تەخمىنەن «ئۈچ يېرىم يىل»نى كۆرسىتىدۇ. سەل توغرىراق دېسەك، «بىر ۋاقىت» («دانىيال» دېگەن قىسمىنىڭ باشقا يەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا) بەلكىم بابىللىقلارنىڭ ئىشلىتىدىغان يىلى، يەنى 360 كۈنلۈك ۋاقىتنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇڭا «ئۈچ يېرىم ۋاقىت»، 1260 كۈننى كۆرسىتىدۇ.
—ئەسلىي ئارامىي تىل نۇسخىسىدا، «ئۈچ يېرىم ۋاقىت»، «بىر ۋاقىت، ئىككى ۋاقىت ۋە قوشۇمچە يېرىم ۋاقىت» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. بابىللىقلار بەزى يىللىرىغا قوشۇمچە بىر ئاينى «كەبىسە ئاي» دەپ قاتاتتى؛ «بىر ۋاقىت، ئىككى ۋاقىت ۋە قوشۇمچە يېرىم ۋاقىت» دېگەن ئىبارە قوشۇمچە ئاينىڭ بولۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقىرىدۇ. دېمەك، «ئۈچ يېرىم ۋاقىت» 1290 كۈن ئەمەس، بەلكى 1260 كۈن بولىدۇ.

**25:7** دان. 27:9؛ 36:11؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13؛ لۇقا 20:21؛ 2تېس. 2:3-4؛ ۋەھ. 13:1-8

**27:7** دان. 44:2

28:7 **«بۇ ئىش مانا مۇشۇ يەرگىچە بولدى...»** — 7-بابتىكى بېشارەتلەر توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

## قوچقار بىلەن تېكە ھەققىدە غايىبانە كۆرۈنۈش

8 [1]پادىشاھ بەلشازار تەختكە ئولتۇرۇپ ئۈچىنچى يىلى، مەنكى
دانىيال ئىككىنچى بىر غايىبانە ئالامەتنى كۆردۈم. [2]غايىبانە
كۆرۈنۈشتە، ئۆزۈمنى ئېلام ئۆلكىسىدىكى شۇشان قەلئەسىدە كۆردۈم.
كۆرۈنۈشتە مەن ئۇلاي چوڭ ئۆستەڭگى بويىدا ئىدىم.
[3]بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئىككى مۈڭگۈزى بار بىر قوچقارنىڭ
چوڭ ئۆستەڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ مۈڭگۈزى
ئېگىز بولۇپ، بىر مۈڭگۈز يەنە بىرىدىن ئېگىز ئىدى؛ ئېگىزرەك
بولغان مۈڭگۈز يەنە بىرسىدىن كېيىنرەك ئۆسۈپ چىققانىدى. [4]مەن
قوچقارنىڭ غەرب، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلەرگە ئۈسۈۋاتقىنىنى كۆردۈم.
ھېچقانداق ھايۋان ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى ۋە ھېچكىم ھېچكىمنى
ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزالمايتتى. ئۇ نېمە قىلىشنى خالىسا، شۇنى
قىلاتتى، بارغانسېرى ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.
[5]مەن بۇ توغرۇلۇق ئويلاۋاتاتتىم، مانا، غەرب تەرەپتىن بىر
تېكە پۈتلىرى يەرگە تەگمىگەن ھالدا پۈتۈن جاھاننى كېزىپ
يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا كۆرۈنەرلىك
چوڭ بىر مۈڭگۈز ئۆسۈپ چىققانىدى. [6]ئۇ مەن دەسلەپ
كۆرگەن ھېلىقى ئۆستەڭ بويىدا تۇرغان ئىككى مۈڭگۈزلۈك
قوچقارغا قاراپ قەھرى بىلەن شىددەتلىك ئېتىلدى. [7]مەن
ئۇنىڭ قوچقارغا يېقىن كېلىپ، غەزەپ بىلەن قوچقارنى ئۈسۈپ
ئىككى مۈڭگۈزىنى سۇندۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم. قوچقارنىڭ
قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك مادارى قالمىغانىدى، تېكە ئۇنى يەرگە
يىقىتىپ، دەسسەپ-چەيلىدى، تېكىنىڭ چاڭگىلىدىن ئۇنى
قۇتقۇزۇۋالىدىغان ئادەم چىقمىدى.
[8]تېكە بارغانسېرى ھەيۋەتلىك بولۇپ كەتتى؛ لېكىن ئۇ خېلى كۈچىيىپ
بولغاندا، چوڭ مۈڭگۈزى سۇنۇپ چۈشۈپ، ئەسلىدىكى جايىدىن

---

**1:8 «پادىشاھ بەلشازار تەختكە ئولتۇرۇپ ئۈچىنچى يىلى...»** — 8-باب، 1-ئايەتتىن باشلاپ كىتابنىڭ قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسى ئارامىي تىلدا ئەمەس، ئىبرانىي تىلدا يېزىلغان.

ئاسماندىكى تۆت شامالغا قاراپ تۇرىدىغان، كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆت مۈڭگۈز ئۆسۈپ چىقتى.
[9] بۇ تۆت مۈڭگۈزنىڭ ئىچىدىكى بىرىدىن يەنە بىر مۈڭگۈز ئۆسۈپ چىقتى. ئۇ كىچىك مۈڭگۈز ئۆسۈپ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولدى، جەنۇب، شەرق تەرەپلەرگە ۋە «گۈزەل زېمىن»غا قاراپ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى.
[10] ئۇ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ، ھەتتا ساماۋىي قوشۇندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتتى، ساماۋىي قوشۇندىكىلەردىن ۋە يۇلتۇزلاردىن بىرمۇنچىسىنى يەرگە تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دەسسىدى [11] (ئۇ تولىمۇ مەغرۇرلىنىپ، ھەتتا ساماۋىي قوشۇننىڭ سەردارى بىلەن تەڭ بولماقچى بولۇپ، ئىبادەتخانىدا سەردارغا ئاتاپ كۈندىلىك قۇربانلىق سۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ھەمدە سەردارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى «مۇقەددەس جاي»نى ۋەيران قىلىۋەتتى. [12] ئاسىيلىق تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ خەلقى ۋە كۈندىلىك قۇربانلىق چوڭ مۈڭگۈزگە تاپشۇرۇلىدۇ). ئۇ ھەقىقەتنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى.
[13] كېيىندىن، بىر مۇقەددەس پەرىشتىنىڭ سۆز قىلغانلىقىنى

---

9:8 **«گۈزەل زېمىن»** ــ قانائان زېمىنى (پەلەستىن). ئىبرانىي تىلىدا «گۈزەللىكنىڭ زېمىنى» دېيىلىدۇ.

11:8 **«كۈندىلىك قۇربانلىق»** ــ خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق چۈشۈرگەن ئەمرى بىلەن ئىبادەتخانىدا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە بىر قوزا «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» قىلىنىشى كېرەك. بۇ قۇربانلىقنى بولسا ئىسرائىل ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق قۇربانلىق دېگىلى بولىدۇ.

—«سەردارنىڭ ئىبادەتخانىسى» ــ بۇ پەرۋەردىگارنىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.شۇڭا مۇشۇ ئىبارىدىن «ساماۋىي قوشۇننىڭ سەردارى»نىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن بۇرۇنقى بىر سالاھىيىتىدۇر. «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» توغرۇلۇق باشقا ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ.

12:8 **«ئاسىيلىق»** ــ بىزنىڭچە «ئاسىيلىق» مۇشۇ يەردە بەلكىم «كىچىك مۈڭگۈز» (يەنى دەججال)نىڭ ئاسىيلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك (13-ئايەتنى كۆرۈڭ). بۇ سۆز يەنە خۇدانىڭ ئۆز خەلقىنىڭ ئاسىيلىقىنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

— —**«خۇدانىڭ خەلقى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قوشۇن».

ئاڭلىدىم، شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر مۇقەددەس پەرىشتە سۆز قىلغان پەرىشتىدىن:

– غايىبانە ئالامەتتە كۆرۈنگەن بۇ ۋەقەلەر، يەنى «ۋەيران قىلغۇچى» ئاسىيلىق، كۈندىلىك قۇربانلىقنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، ھەمدە ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي»نىڭ ھەم خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى قانچىلىك ۋاقىت داۋاملىشىدۇ؟ – دەپ سورىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. [14] ھېلىقى پەرىشتە ماڭا جاۋابەن:

بۇ ئىشلار ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز كېچە-كۈندۈز داۋاملىشىدۇ. بۇ مەزگىلدىن كېيىن ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي» پاكىزلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، – دېدى.

## پەرىشتە جەبرائىلنىڭ غايىبانە ئالامەتنى چۈشەندۈرۈشى

[15] بۇ غايىبانە كۆرۈنۈشنى كۆرگەندىن كېيىن، مەنكى دانىيال ئۇنىڭ مەنىسىنى ئويلاۋاتقىنىمدا، مانا، ئالدىمدا ئادەمنىڭ قىياپىتىدە بىرسى پەيدا بولۇپ ئۆرە تۇردى. [16] ئۇلاي ئۆستىڭىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن:

ئەي جەبرائىل، بۇ ئادەمگە غايىبانە ئالامەتنى چۈشەندۈرۈپ بەر، – دېگەن بىر ئادەمنىڭ كۈچلۈك ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

[17] جەبرائىل يېنىمغا كەلدى. كەلگەندە، مەن ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ دۈم چۈشتۈم. ئۇ ماڭا:

– ئەي ئىنسان ئوغلى، سەن شۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەككى، بۇ غايىبانە

---

13:8 **«غايىبانە ئالامەتتە كۆرۈنگەن بۇ ۋەقەلەر، يەنى «ۋەيران قىلغۇچى» ئاسىيلىق، كۈندىلىك قۇربانلىقنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى»** – بۇ ««ۋەيران قىلغۇچى» ئاسىيلىق» بولسا دەل «سەردارغا ئاتاپ كۈندىلىك قوزا قۇربانلىق سۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» (11-ئايەت) ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنتايىن يىرگىنچلىك بىرخىل بۇت سېلىش. 9-باب، 26-، 27-ئايەت، 11-باب 36-39-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

14:8 **«پاكىزلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ»** – ئىبرانىي تىلىدا «توغرا قىلىنىدۇ» ياكى «ھەققانىي قىلىنىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**16:8** دان. 21:9؛ لۇقا 26:1

ئالامەت ئاخىر زامان توغرىسىدىدۇر، ــ دېدى.
[18] ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا مەن بىھوش ھالدا يەردە دۈم ياتاتتىم. لېكىن
ئۇ ماڭا شۇنداق بىر يېنىك تېگىپلا مېنى تۇرغۇزدى ۋە ماڭا مۇنداق
دېدى: ــ
[19] «مەن ھازىر ساڭا خۇدانىڭ غەزىپى كەلگەن مەزگىلدە كېيىنكى
ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەي. چۈنكى
بۇ غايىبانە ئالامەت زامانلارنىڭ بېكىتىلگەن ئاخىرقى نۇقتىسى
توغرىسىدىدۇر. [20] سەن كۆرگەن ئىككى مۈڭگۈزلۈك قوچقار مېدىئا
بىلەن پارس پادىشاھلىرىنى كۆرسىتىدۇ. [21] ياۋا تېكە بولسا گرېتسىيە
پادىشاھلىقى بولۇپ، كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك
مۈڭگۈز بولسا، ئۇنىڭ بىرىنچى پادىشاھىدۇر.
[22] ئۇ مۈڭگۈز سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن ئۆسۈپ چىققان
ھېلىقى تۆت مۈڭگۈز بۇ ئەلنىڭ تۆت پادىشاھلىققا بۆلۈنىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ كۈچى بىرىنچى پادىشاھلىققا يەتمەيدۇ. [23] بۇ
پادىشاھلىقلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ
گۇناھى توشۇشى بىلەن تولىمۇ نومۇسسىز، چىگىش مەسىلىلەرنى
بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىر پادىشاھ مەيدانغا چىقىدۇ. [24] ئۇنىڭ كۈچى
خېلى زور بولىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ كۈچ ئۆزلۈكىدىن چىقمايدۇ؛
ئۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ
ئىشلىرى جەزمەن ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايدۇ.
ئۇ كۈچلۈكلەرنى ۋە خۇدانىڭ مۇقەددەس مۆمىن خەلقىنى يوقىتىدۇ.
[25] ئۆز ئۇستاتلىقى بىلەن ئۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا ھەرقانداق ھىيلە-
مىكىرلىك خېلى روناق تاپىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە تەكەببۇرلىشىپ ئۆزىنى
چوڭ تۇتىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىخەتەر ھېس قىلغان ۋاقتىدىن

---

21:8 **«ياۋا تېكە بولسا گرېتسىيە پادىشاھلىقى بولۇپ، ...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ياۋا تېكە بولسا گرېتسىيە پادىشاھى بولۇپ، ...».

23:8 **«چىگىش مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىر پادىشاھ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خېلى سۇيقەستچى بىر پادىشاھ ...».

پايدىلىنىپ تۈيۈقسىز زەرب قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ھالاك قىلىدۇ؛
ئۇ ھەتتا ئۇچۇقتىن ئۇچۇق «ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى»گە قارشى چىقىدۇ.
لېكىن ئۇ ئاخىردا ئىنسانلارنىڭ قولىسىز ھالاك قىلىنىدۇ.
26 ساڭا ئايان قىلىنغان، ئاخشامدىن ئەتىگەنگىچە داۋاملاشقان
بۇ غايىبانە ئالامەت ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. لېكىن سەن ئۇنى
ۋاقتىنچە مەخپىي تۇت. چۈنكى ئۇ كۆپ كۈنلەر كېيىنكى كەلگۈسى
ھەققىدىدۇر».
27 مەنكى دانىيال ماغدۇرۇمدىن قېلىپ، بىرنەچچە كۈن ئاغرىپ
يېتىپ قالدىم. كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنىلا پادىشاھنىڭ
ئىشلىرىدا بولدۇم. لېكىن بۇ غايىبانە ئالامەت كۆڭلۈمنى پاراكەندە
قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشەلەيدىغان ئادەم يوق ئىدى.

## دانىيالنىڭ ئۆز خەلقىگە دۇئا قىلىشى

9 1 مېدىئالىق ئاھاشۋېروشنىڭ ئوغلى دارىئۇسنىڭ بىرىنچى يىلىدا
(ئۇ كالدىيلەرنىڭ زېمىنىغا پادىشاھ قىلىنىدى) 2 يەنى تەختكە
ئولتۇرغان بىرىنچى يىلى مەنكى دانىيال مۇقەددەس يازمىلارنى
ئوقۇشۇم بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىيا پەيغەمبەرگە يەتكۈزگەن
كالام-بېشارىتى بويىچە، يېرۇسالېمنىڭ خاراب بولىدىغان جازا
مەزگىلى يەتمىش يىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. 3 شۇنىڭ
ئۈچۈن مەن رەب خۇدايىمغا روزا تۇتۇپ، بۆز رەختكە يۆگىنىپ، كۈل-
توپىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىش بىلەن

27:8 «ئۇنىڭ غايىبانە ئالامەتنىڭ مەنىسىنى يېشەلەيدىغان ئادەم يوق ئىدى» —
8-بابتىكى بېشارەتلەر توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.
1:9 **«كالدىيلەرنىڭ زېمىنى»** — بابىل زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ.
—«...پادىشاھ قىلىنىدى» — بۇ ئىبارە بەلكىم دارىئۇسنىڭ پارس ئىمپېراتورى قورەشنىڭ ئاستىدىكى
بىر پادىشاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پۈتكۈل پارس ئۈستىگە ئىمپېراتور ئەمەس ئىدى.
**2:9** يەر. 11:25، 12؛ 7:27؛ 10:29

ئىزدىنىشكە بەل باغلىدىم. 4 مەن پەرۋەردىگار خۇدايىمغا دۇئا قىلىپ،
گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلىپ مۇنداق دېدىم:
«ئاھ رەب، ئى سېنى سۆيۈپ، ئۆز ئەمرلىرىڭگە ئىتائەت قىلغۇچىلارغا
ۋەدە-ئەھدەڭدە ۋاپادار بولۇپ، ئۆزگەرمەس مېھرىڭنى ئۈزلۈكسىز
كۆرسەتكۈچى ئۇلۇغ، سۈرلۈك تەڭرىم!
5 بىز گۇناھ سادىر قىلدۇق، قەبىھلىك قىلدۇق؛ رەزىللىك بىلەن
سېنىڭ ئەمر-ھۆكۈملىرىڭدىن ۋاز كېچىپ، ساڭا ئاسىيلىق قىلدۇق،
6 شۇنداقلا سېنىڭ نامىڭ بىلەن پادىشاھلىرىمىز، ئەمىرلىرىمىز،
ئاتا-بوۋىلىرىمىز ۋە پۈتكۈل زېمىندىكى خەلققە سۆز-كالامىڭنى
يەتكۈزگەن قۇللىرىڭ بولغان پەيغەمبەرلەرگە زادى قۇلاق سالمىدۇق.
7 ئى رەب، ھەققانىيەت سەندىلا تېپىلىدۇ، لېكىن ساڭا ئاسىيلىق ۋە
ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن، بىزگە، يەنى يەھۇدالارغا،
يېروسالېمدىكىلەرگە ۋە بارلىق ئىسرائىللارغا، يېقىندا بولسۇن،
يىراقتا بولسۇن، سەن بىزلەرنى سۈرگۈنلۈككە ھەيدىۋەتكەن بارلىق يۇرتلاردا
بولسۇن، پەقەت بۈگۈنكىدەك يۈزىمىزنى كۆتۈرەلمىگۈدەك شەرمەندىلىكلا
قالدى. 8 ئى رەب، بىزگە، يەنى پادىشاھلىرىمىزغا، ئەمىرلىرىمىزگە ۋە
ئاتا-بوۋىلىرىمىزغىمۇ يۈزىمىزنى كۆتۈرەلمىگۈدەك شەرمەندىلىك قالدى؛
چۈنكى بىز سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ سادىر قىلدۇق.
9 ئى رەب خۇدايىمىز، بىز ساڭا ئاسىيلىق قىلغان بولساقمۇ، سەندىن
يەنىلا رەھىمدىللىق ۋە مەغپىرەت-كەچۈرۈملەر تېپىلىدۇ. 10 بىز سەن
پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماي، قۇللىرىڭ بولغان
پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئالدىمىزغا قويغان قانۇن-ھۆكۈملىرىڭدە

---

**4:9** قان. 9:7

**5:9** زەب. 6:106؛ يەش. 4:64، 5، 6

9:9 **«ئى رەب خۇدايىمىز، بىز ساڭا ئاسىيلىق قىلغان بولساقمۇ، سەندىن يەنىلا رەھىمدىللىك ۋە مەغپىرەت-كەچۈرۈملەر تېپىلىدۇ»** — ياكى «رەب خۇدايىمىزدا رەھىمدىللىك ۋە مەغپىرەت-كەچۈرۈملەر باردۇر؛ چۈنكى بىز ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلدۇق» (دېمەك، خۇدا بىزگە رەھىمدىللىك كۆرسەتمىگەن بولسا، بىز بالدۇرلا يوقىتىلاتتۇق).

**9:9** زەب. 130:3-8؛ يىغ. 22:3

ھېچ ماڭمىدۇق. [11] پۈتكۈل ئىسرائىل سېنىڭ تەۋرات-قانۇنۇڭغا
خىلاپلىق قىلىپ، ئاۋازىڭغا قۇلاق سالماي سېنىڭدىن يۈز ئۆرىدى.
دەرۋەقە، سېنىڭ قۇلۇڭ مۇساغا چۈشۈرۈلگەن تەۋرات-قانۇنىدا
پۈتۈلگەن لەنەت ھەمدە ئۇنىڭ قەسەمىيادىدىكى جازالار ئۈستىمىزگە
ياغدۇرۇلدى؛ چۈنكى بىز سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ سادىر قىلدۇق. [12] سەن
ئۆزۈڭ بىزگە ۋە ئۈستىمىزدىن ھۆكۈمدارلىق قىلغۇچىمىزغا قارىتا
دېگەنلىرىڭگە ئەمەل قىلىپ بىزگە زور ئېغىر كۈلپەتنى كەلتۈردۈڭ؛
چۈنكى يېرۇسالېمدا قىلىنغان ئىشلار ئاسمان ئاستىدىكى ھەرقانداق
باشقا يۇرتتا ئەزەلدىن قىلىنغان ئەمەس! [13] مۇساغا تاپىلانغان تەۋرات-
قانۇنىدا پۈتۈلگەندەك، بۇ پۈتۈن كۈلپەت بىزگە چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ،
ئى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، لېكىن بىز قەبىھلىكلىرىمىزدىن قول
ئۈزۈپ، ھەقىقىتىڭنى چۈشىنىپ يېتىدىغان قىلغايسەن دەپ تېخىچە
سەندىن ئىلتىپاتىڭنى ئۆتۈنمىدۇق. [14] دەرۋەقە سەن پەرۋەردىگار شۇ
كۈلپەتنى تەييارلاپ ساقلاپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشۈردۈڭ؛ چۈنكى
سەن پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، بارلىق قىلغان ئىشلىرىڭدا ئادىل بولۇپ
كەلدىڭ؛ بىراق ئاۋازىڭغا قۇلاق سالمىدۇق.
[15] ئەمدى، ئۆز كۈچلۈك قولۇڭ بىلەن خەلقىڭنى مىسىردىن ئېلىپ
چىقتىڭ، شۇڭلاشقا بۈگۈنكىدەك ئۆزۈڭگە نام-شۆھرەت تىكلىدىڭ،
ئى رەب خۇدايىمىز، ــ بىز گۇناھ سادىر قىلدۇق، بىز رەزىللىك قىلدۇق!
[16] ئۆتۈنىمەن، ئى رەب، پۈتكۈل ھەققانىيلىقىڭغا ئۇيغۇن، يېرۇسالېم
شەھىرىڭگە، يەنى مۇقەددەس تېغىڭغا بولغان قەھر-غەزىپىڭنى
توختاتقايسەن! چۈنكى بىزنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىز ۋە ئاتا-
بوۋىلىرىمىزنىڭ قىلغان قەبىھلىكلىرىنىڭ ۋەجىدىن، يېرۇسالېم
ۋە خەلقىڭ بارلىق ئەتراپىتىكىلىرىمىزنىڭ ھاقارەت ئوبيېكتى بولۇپ
قالدۇق. [17] ئەمدى ئى خۇدايىمىز، قۇلۇڭنىڭ دۇئا ۋە تەلەپلىرىگە قۇلاق
سالغايسەن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ۋەيران قىلىنغان مۇقەددەس جايىڭنى

**9:11** لاۋ. 26:14-45؛ قان. 27:15-26؛ 28:15-68؛ 29:20؛ 30:17-20؛ 31:17، 18؛ 32:19-25؛ يىغ. 2:17

**9:15** مىس. 32:11؛ زەب. 105:7؛ 106:47

جامالىڭنى كۆرسىتىپ يورۇتقايسەن. [18] ئى خۇدايىم، قۇلاق سېلىپ
ئاڭلىغايسەن! بىزنىڭ ۋە سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتالغان شەھەرنىڭ
بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرگە نەزەر سالغايسەن! بىزنىڭ ساڭا ئىلتىجا
قىلغىنىمىز ئۆزىمىزنىڭ قانداقتۇر ھەققانىي ئىش قىلغانلىقىمىزدىن
ئەمەس، بەلكى سېنىڭ زور رەھىمدىللىقلىرىڭغا تايانغانلىقىمىز
سەۋەبىدىندۇر.
[19] ئى رەب، ئاڭلىغايسەن! ئى رەب، كەچۈرگەيسەن! ئى رەب، قۇلاق سېلىپ
ئاڭلاپ ئامال قىلغايسەن! ئۆزۈڭنىڭ نام-شۆھرىتىڭ ئۈچۈن ئەمدى
تەخىر قىلمىغايسەن! چۈنكى سېنىڭ بۇ شەھىرىڭ ۋە بۇ خەلقىڭ ئۆز
نامىڭ ئاساسىدا ئاتالغاندۇر!».

## جەبرائىلنىڭ بېشارەت بېرىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى

[20] مەن دۇئايىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزۈم ۋە خەلقىم ئىسرائىلنىڭ
گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىپ ھەمدە خۇدايىمنىڭ مۇقەددەس تېغى
ئۈچۈن پەرۋەردىگار خۇدايىمغا يېلىنىپ، [21] تېخى دۇئا قىلىۋاتقىنىمدا،
دەسلەپتە ماڭا غايىبانە ئالامەتتە كۆرۈنگەن جەبرائىل دېگەن زات
يېنىمغا كېلىپ ماڭا قولىنى تەگكۈزدى. مەن شۇ چاغدا تولىمۇ چارچاپ
كەتكەنىدىم. ئۇ كەچلىك قۇربانلىق سۇنۇش ۋاقتى ئىدى. [22] جەبرائىل
ماڭا ئەقىل بېرىپ مۇنداق دېدى: ــ
«ئى دانىيال، مەن سېنى يورۇتۇپ، ئىشلارنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدىغان
قىلىشقا كەلدىم.
[23] سەن خۇداغا ئىلتىجا قىلىشقا باشلىشىڭ بىلەنلا، جاۋاب-كالام

---

17:9 **«قۇلاق سالغايسەن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ... يورۇتقايسەن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «رەبنىڭ سەۋەبى ئۈچۈن ... يورۇتقايسەن».

19:9 **«ئۆزۈڭنىڭ نام-شۆھرىتىڭ ئۈچۈن ئەمدى تەخىر قىلمىغايسەن!»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۆزۈڭنىڭ سەۋەبىڭ ئۈچۈن ئەمدى تەخىر قىلمىغايسەن!».

21:9 **«...جەبرائىل دېگەن زات يېنىمغا كېلىپ ماڭا قولىنى تەگكۈزدى. مەن شۇ چاغدا تولىمۇ چارچاپ كەتكەنىدىم»** ــ بۇنىڭ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «...جەبرائىل دېگەن زات تېزلا ئۇچۇپ كېلىپ، ماڭا قول تەگكۈزدى». ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىش بىرقەدەر تەس.

بېرىلدى؛ سەن ئىنتايىن سۆيۈلگەن ئادەم بولغاچقا، مەن ساڭا ئۇنىڭ
جاۋاب-كالامىنى يەتكۈزگىلى كەلدىم. ئەمدى بۇ جاۋاب-كالام ئۈستىدە
پۇختا ئويلانغىن، غايىبانە كۆرۈنۈشنى كۆڭۈل قويۇپ چۈشەنگىن:
24 — «خۇدا تەرىپىدىن «يەتمىش ھەسسە «يەتتە ۋاقىت»» سېنىڭ
خەلقىڭ بىلەن مۇقەددەس شەھىرىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن. بۇ
ۋاقىتلار ئىتائەتسىزلىكلەرنى تىزگىنلەش، گۇناھلارنى تۈگىتىش،
قەبىھلىك ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈش، مەڭگۈلۈك ھەققانىيلىقنى
ئورنىتىش ئۈچۈن قويۇش، بۇ غايىبانە ئالامەت بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ
سۆز-كالاملىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە ئىبادەتخانىدىكى «ئەڭ
مۇقەددەس جاي» يېڭىباشتىن مەسىھلىنىش ئۈچۈن بېكىتىلگەندۇر.
25 شۇنى بىلىشىڭ ۋە چۈشىنىشىڭ كېرەككى، يېرۇسالېمنى
يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بىنا قىلىش بۇيرۇقى جاكارلانغاندىن
تارتىپ، مەسىھ دېگەن ئەمىر مەيدانغا چىققۇچە يەتتە ھەسسە «يەتتە
ۋاقىت» قوشۇلغان ئاتمىش ئىككى ھەسسە «يەتتە ۋاقىت» ئۆتىدۇ.
يېرۇسالېم شەھىرى يېڭىباشتىن بىنا قىلىنىپ، مەيدان-كوچىلار
ۋە سېپىل-ئىستىھكام بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ، ئەمما بۇ بىسەرەمجان

---

24:9 **«قەبىھلىك ئۈچۈن كەفارەت كەلتۈرۈش»** — «گۇناھلارنى يېپىپ كەچۈرۈم تەمىنلەش» دېگەنلىكتۇر. «لاۋ.» 4-باب ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆز-كالاملىرى»** — مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا «پەيغەمبەرلەر» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ئىبادەتخانىدىكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي» يېڭىباشتىن مەسىھلىنىش»** — «مەسىھلىنىش» ياكى «مۇقەددەس قىلىنىش»، مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن مۇقەددەس قانۇنغا ئاساسەن، «مۇقەددەس پۇراقلىق ماي» سۈرۈلۈش بىلەن قىلىنىدۇ («مىس.» 9:26-10نى كۆرۈڭ). بۇ ئۇقۇم ئىبرانىي تىلىدا ««مەسىھ» قىلىنىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
—بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەڭ مۇقەددەس بولغۇچىنى مەسىھ قىلىش» — دېمەك، قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى مەسىھ قىلىش. **««يەتمىش ھەسسە «يەتتە ۋاقىت»» سېنىڭ خەلقىڭ بىلەن مۇقەددەس شەھىرىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن... ... ھەمدە مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي» يېڭىباشتىن مەسىھلىنىش ئۈچۈن بېكىتىلگەندۇر»** — بۇ ئۇلۇغ بېشارەت ۋە 25-27-ئايەتلەردىكى بېشارەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

كۈنلەردە بولىدۇ.
[26] بۇ ئاتمىش ئىككى «يەتتە ۋاقىت» مەزگىلى ئۆتكەندىن كېيىن مەسىھ
ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ھېچنەرسە قالمايدۇ. كەلگۈسىدە بولىدىغان
ئەمىرنىڭ خەلقى بۇ شەھەر بىلەن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى گۇمران
قىلىدۇ. بۇ ئاقىۋەت كەلكۈندەك بېسىپ كېلىدۇ؛ ئاخىرىغىچە جەڭلەر
داۋاملىشىدۇ؛ ئۇ يەردە بولىدىغان ۋەيرانچىلىقلار بېكىتىلگەندۇر.
[27] ئۇ ئەمىر خۇدانىڭ خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ئاخىرقى بىر
«يەتتە ۋاقىت»تا بىر دوستلۇق ئەھدىسىنى تاكامۇل قىلىدۇ، لېكىن
بۇ «يەتتە ۋاقىت»نىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇ ئىبادەتخانىدىكى
قۇربانلىق ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى سۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.
ئۇ چاغدا «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» مۇقەددەس

---

25:9 **«... يېرۇسالېمنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بىنا قىلىش بۇيرۇقى جاكارلانغاندىن تارتىپ، مەسىھ دېگەن ئەمىر مەيدانغا چىققۇچە يەتتە ھەسسە «يەتتە ۋاقىت» قوشۇلغان ئاتمىش ئىككى ھەسسە «يەتتە ۋاقىت» ئۆتىدۇ»** — قىسقىچە: — «بىر ۋاقىت»، يۇقىرىدىكى تەھلىلگە ئاساسەن 360 كۈن بولسا، «يەتتە ھەسسە يەتتە ۋاقىت» (49 ۋاقىت) ۋە «ئاتمىش ئىككىنىڭ يەتتە ھەسسىسى»، (434 ۋاقىت)، جەمئىي بولۇپ «483 ۋاقىت»، يەنى «يېرۇسالېمنى قايتىدىن بىنا قىلىشتىكى پەرمان»دىن «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ مەيدانغا چىقىشى»غىچە 173880 كۈن (تەخمىنەن 476 يىل) بولىدۇ. تارىخىي تەتقىقاتقا ئاساسەن، «يېرۇسالېمنى قايتىدىن بىنا قىلىشتىكى پەرمان»نىڭ چۈشۈرۈلۈشى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 445-يىلى ياكى 444-يىلى ئىدى، ئۇنداقتا «مەسىھ دېگەن ئەمىرنىڭ مەيدانغا چىقىشى» مىلادىيە 32-يىلى ياكى 33-يىلى بولۇشى كېرەك. كىتابخان بۇ پاكىتلاردىن قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ. **«يېرۇسالېم شەھىرى يېڭىباشتىن بىنا قىلىنىپ، مەيدان-كوچىلار ۋە سېپىل-ئىستىھكام بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ...»** — «سېپىل-ئىستىھكام» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدىكى «خارۇتس» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولۇشى ناتايىن؛ چوقۇم بىرخىل ئىستىھكامنى كۆرسىتىدۇ. «كوچىلار» ئىچىدىكى، «خارۇتس» بەلكىم سىرتتىكى بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

**25:9** نەھ. 2:2-8؛ لۇقا 19:35-44

**26:9 «مەسىھ ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** — (ياكى «مەسىھ كېسىۋېتىلىدۇ») — مۇشۇ ئىبارە ئىبرانىي تىلدا ئادەتتە «ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ ئىپادىلەيدۇ. **«ئۇنىڭدا ھېچنەرسە قالمايدۇ»** — ياكى، «ئۇنىڭ (مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىنىڭ) ئۆلتۈرۈلۈشى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەستۇر».

**26:9** لۇقا 19:41-44

ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئىچكىرى جايىغا قويۇلىدۇ. تاكى بالايىئاپەت،
يەنى خۇدا بېكىتكەن كۈلپەت ۋەيران قىلغۇچى كىشىنىڭ بېشىغا
ياغدۇرۇلغۇچە شۇ يەردە تۇرىدۇ».

## تىگرىس، يەنى «دىجلە» دەرياسى بويىدا كۆرگەن غايىبانە كۆرۈنۈش

10 [1] قورەش پارسقا سەلتەنەت قىلغان ئۈچىنچى يىلى، دانىيال
(يەنە بىر ئىسمى بەلتەشاسار بولغان)غا بىر خەۋەر ۋەھيى
قىلىندى. ئۇ خەۋەر ئىشەنچلىكتۇر ــ لېكىن ناھايىتى قاتتىق جەڭ
جېدەللىرى توغرىسىدىدۇر. دانىيال بۇ خەۋەرنى چۈشەندى ۋە غايىبانە
ئالامەت توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولدى.
[2] ئۇ چاغدا مەنكى دانىيال تولۇق ئۈچ ھەپتە ئاھ-زار كۆتۈرۈپ ماتەم
تۇتتۇم. [3] ئۈچ ھەپتىگىچە ھېچقانداق نازۇ-نېمەت يېمىدىم، گۆش
يېمىدىم، شاراب ئىچمىدىم ۋە تېنىمگە پۇراقلىق ماي سۈرمىدىم.
[4] بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى، مەن ئۇلۇغ دەريا، يەنى
دىجلە دەرياسىنىڭ بويىدا تۇرۇپ، [5] بېشىمنى كۆتۈرۈپ كۆزۈمنى
ئاسمانغا تىكتىم، كاناپ كىيىپ، بېلىگە ئۇفازدىكى ساپ ئالتۇن
كەمەر باغلىغان بىر ئادەمنى كۆردۈم. [6] ئۇنىڭ تېنى سېرىق ياقۇتتەك

---

**27:9** يەش. 15:28، 18؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13؛ لۇقا 20:21؛ 2تېس. 3:2-4؛ پەند. 4:11؛ ئەز. 19:7؛ زەف. 14:1-16، 18؛ دان. 9:26-27؛ يەش. 22:10-23؛ يەر. 11:30؛ 28:46؛ ناھ. 9:1

**1:10 «لېكىن ناھايىتى قاتتىق جەڭ جېدەللىرى توغرىسىدىدۇر»** ــ ياكى «لېكىن ناھايىتى قاتتىق سىناشلار توغرىسىدىدۇر».

**2:10 «تولۇق ئۈچ ھەپتە ئاھ-زار كۆتۈرۈپ ماتەم تۇتتۇم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «تولۇق ئۈچ ھەپتە... ماتەم قىلدىم» ــ بۇ مەلۇم بىر ئۆلگۈچى ئۈرۈق-تۇغقىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئۆلۈك روھىي ھالىتىگە بولغان ماتەم، ئەلۋەتتە.

**3:10 «تېنىمگە پۇراقلىق ماي سۈرمىدىم»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۆزۈمنى مەسىھ قىلمىدىم».

**4:10** يار. 14:2

**5:10** ۋەھ. 13:1، 14، 15

جۇلالىنىپ، يۈزلىرى چاقماقتەك يالتىرلاپ، كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان ئوتتەك چاقنايتتى؛ ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى پارقىراپ تۇرىدىغان مىستەك ۋالىلدايتتى؛ ئاۋازى زور بىر توپ ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلايتتى.
[7] غايىبانە كۆرۈنۈشنى يالغۇز مەنكى دانىياللا كۆردۈم، يېنىمدىكىلەر ئالامەتنى كۆرمىگەنىدى. ئەمما زور بىر ۋەھىمە ئۇلارنى بېسىپ، ئىنتايىن تىترەپ كېتىشتى، مۆكۈنۈۋالغۇدەك يەرنى ئىزدەپ قېچىپ كەتتى. [8] ئۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز قېلىپ بۇ كارامەت غايىبانە كۆرۈنۈشنى كۆردۈم. قىلچە ماغدۇرۇم قالمىدى، چىرايىم قاتتىق ئۆزگىرىپ ئۆلۈكتەك ئادەمدەك بولۇپ قالدىم، پۇت-قوللىرىمدا بىرئازمۇ ماغدۇر قالمىدى.
[9] لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان يەرگە يىقىلىپ دۈم چۈشتۈم، ھوشۇمدىن كەتتىم. [10] مانا، تۇيۇقسىز بىر قول ماڭا تەگدى، مېنى شۈئان يۆلەپ يەرگە تۆت پۇتلۇق قىلىپ تۇرغۇزدى. [11] شۇ زات ماڭا:

ئەي دانىيال، ئىنتايىن سۆيۈلگەن ئادەم! سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ چۈشەنگىن، ئۆرە تۇرغىن! چۈنكى مەن سېنىڭ يېنىڭغا ئەۋەتىلدىم، ــ دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى قىلىشى بىلەن، مەن تىترىگەن ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم.
[12] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

ــ «ئەي دانىيال، قورقما؛ چۈنكى سەن خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا چۈشىنىشكە ئىرىشىشكە، ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇشقا كۆڭۈل قويغان بىرىنچى كۈندىن بۇيان سېنىڭ دۇئا-تىلاۋىتىڭ ئىجابەت قىلىندى؛

---

8:10 **«چىرايىم قاتتىق ئۆزگىرىپ ...»** ــ ئىبرانىي تىلدا «شان-شەرىپىم قاتتىق ئۆزگىرىپ ...» ياكى «چىرايلىقلىقىم قاتتىق ئۆزگىرىپ ...».
**8:10** دان. 28:7

ئېيتقانلىرىڭ ئۈچۈن مەن يېنىڭغا ئەۋەتىلدىم. 13 لېكىن، «پارس
پادىشاھلىقىنىڭ ئەمىرى» ماڭا قارشى چىقىپ يولۇمنى يىگىرمە
بىر كۈن توسۇۋالدى. مەن پارس پادىشاھلىرىنىڭ يېنىدا ئۆزۈم يالغۇز
قالغاچقا، باش ئەمىرلەردىن بىرى مىكائىل ماڭا ياردەم قىلغىلى
كەلدى. 14 مەن ساڭا ئاخىرقى زامانلاردا خەلقىڭنىڭ بېشىغا
كېلىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرگىلى كەلدىم. چۈنكى بۇ غايىبانە
ئالامەت كۆپ كۈنلەر كېيىنكى كەلگۈسى توغرىسىدىدۇر».

15 ئۇ ماڭا بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، پەقەتلا يەرگە قارىغىنىمچە زۇۋان
سۈرەلمەي تۇرۇپ قالدىم. 16 مانا، گويا ئادەمگە ئوخشايدىغان بىرسى

---

**12:10 «... سەن خۇدايىڭنىڭ ئالدىدا چۈشىنىشكە ئىرىشىشكە... كۆڭلۈل قويغان»** — بۇ يەردىكى «چۈشىنىش» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ يەرەمىيا پەيغەمبەرگە يەتكۈزۈلگەن «يېرۇسالېمنىڭ خاراب بولىدىغان جازا مەزگىلىنىڭ ۋاقتى 70 يىل» توشاي دېگەن ۋاقىتتا دانىيال دۇئا قىلىشقا باشلىدى. دانىيالنىڭ ئارزۇ-ئىستىكى شۇكى، 70 يىلنىڭ توشۇشى بىلەن، خۇدانىڭ سەلتەنىتى دەرھال پەيدا بولسۇن دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن 7-، 8- ۋە 9-بابتىكى غايىبانە ئالامەتلەر ئۇنىڭغا، ئاز دېگەندىمۇ يەنە 70 «يەتتە ۋاقىت»نىڭ ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن. شۇ ئىشلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك: «دانىيالنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشەلەيدىغان ئادەم يوق ئىدى». شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈمىدسىزلەنمەي، بۇ ئۇزۇن ۋاقىتتىكى «كېچىكتۈرۈش»نى چۈشىنىش ئۈچۈن كۆڭۈل قويىدۇ. 10-بابتىكى غايىبانە ئالامەتتە بولسا، بۇ ۋاقىتنىڭ يەنىلا ھەم ئۇزۇن ھەم جاپالىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ خەۋەرنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇ غەيرەتلىك، ماغدۇرلۇق بولۇشى كېرەك.

**13:10 «پارس پادىشاھلىقىنىڭ ئەمىرى»** — بەلكىم ئىنتايىن كۈچلۈك بىرخىل جىن بولۇپ، پارس رايونلىرىدا شەيتاننىڭ پىلانلىرىنى بەجا قىلغۇچى بولۇشى مۇمكىن. **«پارس پادىشاھلىرىنىڭ يېنىدا ئۆزۈم يالغۇز قالغاچقا..»** — بۇ سۆزلەر مۇشۇ پەرىشتىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ شۇ پادىشاھلارنىڭ قىلماقچى بولغان يامانلىقىنى توسۇش ياكى بولمىسا، ئۇلارغا ياخشى تەرەپكە يۈزلىنىشكە تەسىر يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولغانلىقىنى كۆرسىتىسە كېرەك. **«مەن پارس پادىشاھلىرىنىڭ يېنىدا ئۆزۈم يالغۇز قالغاچقا، باش ئەمىرلەردىن بىرى مىكائىل ماڭا ياردەم قىلغىلى كەلدى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «لېكىن باش ئەمىرلەردىن بىرى مىكائىل ماڭا ياردەم قىلغىلى كەلدى. مەن ئۇنى پارس پادىشاھلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇردۇم».

—**«باش ئەمىرلەر»** — مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك («يەھ.» 9-ئايەتنى كۆرۈڭ).

قولىنى ئۇزىتىپ لەۋلىرىمنى سىلاپ قويۇۋىدى، مەن ئاغزىمنى ئېچىپ
ئالدىمدا تۇرغۇچىغا:
— تەقسىر، بۇ غايىبانە كۆرۈنۈشتىن ئىچ-ئىچىمدىن ئازابلىنىمەن،
ماغدۇرۇمدىن كەتتىم. 17 تەقسىرىمنىڭ كەمىنە قۇللىرى قانداقمۇ
سىلى تەقسىرىم بىلەن سۆزلىشىشكە پېتىنالايتتىم؟ چۈنكى ھازىرلا
ماغدۇرۇم تۈگەپ، نەپەسىم ئۈزۈلىدۇ، — دېدىم.
18 ئاندىن گويا ئادەمگە ئوخشايدىغان بىرى مېنى يەنە بىر قېتىم
سىلاپ، ماغدۇر كىرگۈزدى 19 ۋە:
— ئى ئىنتايىن سۆيۈلگەن ئادەم، قورقما! ساڭا ئامان-خاتىرجەملىك
بولغاي. غەيرەتلىك بول، ئەمدى غەيرەتلىك بول! — دېدى.
ئۇ شۇ سۆزنى دېيىشى بىلەنلا ماڭا تېخىمۇ ماغدۇر كىردى. مەن:
— تەقسىر يەنە سۆز قىلغايلا، چۈنكى سىلى ماڭا ماغدۇر كىرگۈزدىلا،
— دېدىم.
20 ئۇ مۇنداق دېدى:
— «مېنىڭ قېشىڭغا نېمىگە كەلگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ مەن
ئەمدى قايتىپ بېرىپ، «پارستىكى ئەمىر» بىلەن جەڭ قىلىمەن؛
مەن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، «گرېتسىيەدىكى ئەمىر» مەيدانغا
چىقىدۇ. 21 لېكىن مەن بېرىشتىن ئاۋۋال ھەقىقەتنىڭ كىتابىدا
پۈتۈلگەن ۋەھىيلەرنى مەن ساڭا بايان قىلىمەن.
بۇ ئىشلاردا سىلەرنىڭ ئەمىرىڭلار مىكائىلدىن باشقا، ماڭا ياردەم
بېرىدىغان ھېچكىم يوق.

21:10 **«ھەقىقەتنىڭ كىتابى»** — مۇقەددەس كىتابنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدىكى «ھەقىقەتنىڭ كىتابى» دانىيال پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن ئىلگىرى بارلىق نازىل قىلىنغان تەۋرات قىسىملىرىدىن تەركىب تاپقان، ئەلۋەتتە. **«سىلەرنىڭ ئەمىرىڭلار مىكائىل»** — بۇ سۆز مىكائىل باش پەرىشتىنىڭ ئىسرائىلغا ئالايىتەن مەسئۇل بولغانلىقىنى ئايان قىلىدۇ.

11 [1] مەن مېدىئالىق دارىئۇس پادىشاھ بولغان بىرىنچى يىلىدىلا،
ئۇنى مۇستەھكەملەش ھەم كۈچەيتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن
قوزغالغانىدىم. [2] ئەمدى مەن ساڭا ھەقىقەتنى ئېيتىپ بېرەي: ــ
بۇنىڭدىن كېيىن پارسقا يەنە ئۈچ پادىشاھ ھۆكۈمرانلىققا چىقىدۇ؛
كېيىن تۆتىنچى پادىشاھ چىقىپ، باشقا پادىشاھلاردىنمۇ كۆپتىن كۆپ
مال-دۇنيانى توپلايدۇ؛ ئۇ مال-دۇنيالىرىدىن قۇدرەت تېپىپ، ھەممە
يۇرتلارنى گرېتسىيەگە جەڭ قىلىشقا قوزغايدۇ.
[3] ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈك بىر پادىشاھ مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ زور
پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلىپ، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ. [4] لېكىن
ئۇ ھوقۇق يۇرگۈزۈۋاتقىنىدا، پادىشاھلىقى پارچىلىنىپ ئاسماننىڭ
تۆت شامال تەرىپىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تەختىگە ئەۋلادلىرى
ۋارىسلىق قىلالمايدۇ، كېيىنكى پادىشاھلىق ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن
ۋاقىتتىكىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ پادىشاھلىقى
ئاغدۇرۇلۇپ، باشقىلارغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ.
[5] ئۇنىڭدىكى سەردارلارنىڭ ئىچىدىن بىرى «جەنۇبىي پادىشاھ» بولۇپ
كۈچىيىدۇ؛ لېكىن يەنە بىر سەردار ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ ۋە
ئۆزىنىڭ تېخىمۇ چوڭ پادىشاھلىقىنى سورايدۇ. [6] بىرنەچچە يىل

2:11 **«بۇنىڭدىن كېيىن پارسقا يەنە ئۈچ پادىشاھ ھۆكۈمرانلىققا چىقىدۇ؛ كېيىن تۆتىنچى پادىشاھ چىقىپ...»** ــ بۇ 11-بابتىكى بېشارەتلەر ناھايىتى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. بىز مۇشۇ يەردە تەپسىلاتلىرى توغرۇلۇق كۆپ ئىزاھات بەرمىدۇق، بۇلارنى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزگە كىرگۈزدۇق. كىتابخانلارنىڭ ئۆزلىرى «ئوتتۇرا شەرق»نىڭ تارىخى توغرۇلۇق ھەرقانداق كىتابتىن بۇ بېشارەتلەرنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. ئاساسەن بۇ ئالدىن ئېيتىلغان ئىشلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 530-164-يىللار داۋامىدا يۈز بەرگەن. لېكىن 36-ئايەتتىن باشلاپ، بېشارەتلەر ئاخىرقى زاماندىكى ئىشلارغىچە ئۆتىدۇ.
3:11 **«ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈك بىر پادىشاھ مەيدانغا چىقىدۇ»** ــ بۇ پادىشاھ «بۈيۈك ئىسكەندەر»، گرېتسىيەنىڭ بىرىنچى ئىمپېراتورى.
5:11 **«ئۇنىڭدىكى سەردارلار»** ــ ياكى «ئۇنىڭدىكى ئەمىرلىرى». **«ئۇنىڭدىكى سەردارلارنىڭ ئىچىدىن بىرى «جەنۇبىي پادىشاھ» بولۇپ كۈچىيىدۇ»** ــ بۇ بېشارەتتىكى «جەنۇبىي پادىشاھ»لار شۈبھىسىزكى، مىسىرنىڭ پادىشاھلىرىنى كۆرسىتىدۇ (8-ئايەتنى كۆرۈڭ)، بىرىنچىسى «پتولمىي سوتېر» (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 323-285-يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن.

ئۆتكەندىن كېيىن، جەنۇبىي پادىشاھ شىمالىي پادىشاھ بىلەن
ئىتتىپاق تۈزىدۇ؛ جەنۇبىي پادىشاھنىڭ قىزى شۇ ئىتتىپاقنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن شىمالىي پادىشاھنىڭ يېنىغا بارىدۇ. لېكىن
كېيىن بۇ قىز ئېرىشكەن ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ؛ شىمالىي
پادىشاھ ئۆزىمۇ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتالماي، مەزمۇت تۇرالمايدۇ. بۇ
قىز ۋە ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەر، ئۇنىڭ بالىسى ھەم شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنى
قوللىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ساتقۇنلۇق قىلىنىدۇ.
7 ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئاتا جەمەت تۇغقىنىدىن بىرى قوشۇنىنىڭ ھوقۇقىنى
قولىغا ئېلىپ پادىشاھ بولۇپ، شىمالىي پادىشاھنىڭ قورغىنىغا
بېسىپ كىرىپ، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ چوڭ غەلىبە قىلىدۇ.
8 ئۇ ئۇلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرى، قۇيما مەبۇدلىرى ۋە بۇتخانىلىرىدىكى
ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان جام-قاچىلارنى مىسىرغا ئېلىپ كېتىدۇ.
ئۇ بىرنەچچە يىل شىمالىي پادىشاھتىن ئۆزىنى نېرى قىلىدۇ.
9 شىمالىي پادىشاھ جەنۇبىي پادىشاھنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىدۇ،

---

6:11 **«جەنۇبىي پادىشاھ شىمالىي پادىشاھ بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا پەقەت «ئۇلار ئىتتىپاق تۈزىدۇ» دېيىلىدۇ.

—بۇ بېشارەتتىكى «شىمالىي پادىشاھ» شۈبھىسىزكى تارىختا سۇرىيە دېگەن رايوندا ھۆكۈم سۈرگەن. بىرىنچى «شىمالىي پادىشاھ» بولسا سىلېۇقۇس نىكاتور (سىلېۇقۇس I) بولۇپ، ئەسلىدە مىسىر پادىشاھى «پتولىمى سوتېر»نىڭ چوڭ گېنېرالى ئىدى. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 312-280 يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان. **«بۇ قىز ئېرىشكەن ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا «بۇ قىز بىلىكىنىڭ كۈچىدىن مەھرۇم بولىدۇ». **«ئۇنىڭ بالىسى ھەم ...»** — ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ تۇغقىنى...». بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئۇنى تۇغدۇرغۇچى ھەم...» دېيىلىدۇ.

7:11 **«ئۇنىڭ ئاتا جەمەت تۇغقىنىدىن بىرى»** — ئىبرانىي تىلىدا: — «ئۇنىڭ يىلتىزلىرىدىن بىرى». **«... پادىشاھ بولۇپ»** — ئىبرانىي تىلىدا «... ئۇنىڭ (يەنى جەنۇبىي پادىشاھنىڭ) ئورنىغا تۇرۇپ،...» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. **«...بىرى، قوشۇنىنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ پادىشاھ بولۇپ،...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «... بىرى، ئۇ بولسا ئۇنىڭ (شىمالىي پادىشاھنىڭ) قوشۇنىغا قارشى چىقىپ،...»

8:11 **«قۇيما مەبۇدلىرى»** — ياكى «ئەمىرلىرى». **«بۇتخانىلىرىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش...»** — ياكى «ئۇلارنىڭكى ئالتۇن-كۈمۈش...».

**لېكىن ئاخىرى ئۆز يۇرتىغا چېكىنىدۇ.**
**[10] شىمالىي پادىشاھنىڭ شاھزادىلىرى قوزغىلىپ، زور قوشۇن**
**تەشكىللەيدۇ. شاھزادىلەردىن بىرى كەلكۈندەك كېلىپ جەنۇبقا**
**بېسىپ كىرىدۇ. كېيىن ئۇ يەنە جەڭ قىلىپ، دۈشمەن قورغىنىغىچىمۇ**
**بېسىپ كىرىدۇ. [11] جەنۇبىي پادىشاھ قاتتىق غەزەپتە قوشۇن تارتىپ**
**جەڭگە ئاتلىنىپ، شىمالىي پادىشاھقا ھۇجۇم قىلىدۇ. شىمالىي**
**پادىشاھ زور بىر قوشۇننى جەڭگە سالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇ زور**
**قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە ئېلىنىدۇ.**
**[12] شۇ زور قوشۇننىڭ ئەسىرگە ئېلىنىشى بىلەن جەنۇبىي پادىشاھ**
**ئىنتايىن مەغرۇرلىنىدۇ. ئۇ تۈمەنلىگەن ئادەملەرنى يوقىتىدۇ، بىراق**
**ئۇنىڭ غەلىبىسى ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. [13] چۈنكى شىمالىي پادىشاھ**
**يۇرتىغا قايتىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ ۋە كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەيدۇ.**
**بېكىتىلگەن يىللار توشقاندىن كېيىن ئۇ زور قۇدرەتلىك قوشۇننى**
**كۆپ تەمىناتلار بىلەن قوشۇپ باشلاپ كېلىدۇ. [14] ئۇ چاغدا نۇرغۇن**
**كىشىلەر جەنۇبىي پادىشاھقا قارشى تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ**
**كۆتۈرىدۇ.** ئى دانىيال **ــ سېنىڭ خەلقىڭ ئىچىدىكى زوراۋانلار مۇشۇ**
**غايىبانە ئالامەتتىكى بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇپ،**
**يوغانچىلىق قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار مەغلۇپ بولىدۇ. [15] شىمالىي**
**پادىشاھ پوتەي سېلىپ مۇستەھكەم شەھەرنى مۇھاسىرە ھۇجۇمى**
**قىلىپ بېسىۋالىدۇ. جەنۇبدىكى كۈچلەر، ھەتتا ئەڭ خىل قوشۇنلارمۇ**
**بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلغۇدەك كۈچى قالمايدۇ.**
**[16] شىمالدىكى تاجاۋۇزچى بولسا ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدۇ،**
**ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشىلىق قىلالمايدۇ. ئۇ «گۈزەل زېمىن»نى ئىشغال**
**قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ قولىدا ئۇنى ۋەيران قىلغۇچى كۈچ بولىدۇ.** [17] شىمالىي

---

9:11 **«جەنۇبىي پادىشاھنىڭ زېمىنى»** ــ مىسىرنى كۆرسىتىدۇ.

10:11 **«كېيىن ئۇ يەنە جەڭ قىلىپ،...»** ــ ياكى «ئۇ قايتىپ، ئاندىن جەڭ قىلىپ،..».

16:11 **«گۈزەل زېمىن»** ــ قانائان زېمىنى، يەنى پەلەستىن. **«ئۇنىڭ قولىدا ئۇنى ۋەيران قىلغۇچى كۈچ بولىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ ھالاكىتى ئۇنىڭ قولىدا بولىدۇ».

پادىشاھ بەل باغلاپ پادىشاھلىقىدىكى بارلىق كۆچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ مىسىرغا يول ئالىدۇ؛ ئۇ مىسىر بىلەن ئەھدە تۈزىدۇ، ئۆزى ئەھدىدە تۇرغاندەك قىلىدۇ. بىراق مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئاياللىرىنىڭ بىر قىزىنى مىسىر پادىشاھىغا بېرىدۇ. لېكىن قىزى ئاتىسى تەرەپتە تۇرمايدۇ، ئۇنى قوللىمايدۇ.
[18] كېيىن ئۇ دېڭىز بويىدىكى يۇرتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەسىرگە ئالىدۇ. لېكىن يات بىر سەردار ئۇنىڭ كىشىلەرنى خار قىلىشلىرىنى چەكلەيدۇ ۋە ئەكسىچە، ئۇنىڭ بۇ خارلاشلىرىنى ئۆزىگەياندۇرىدۇ. [19] ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قورغانلارغا چېكىنىپ كېلىدۇ. لېكىن ئاخىرىدا ئۇ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدۇ. [20] كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر پادىشاھ تەختكە ئولتۇرىدۇ؛ ئۇ پادىشاھلىقنىڭ ئەڭ شان-شەرەپلىك جايىغا بىر زالىم ئالۋاڭچىنى ئەۋەتىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مالىمانچىلىقمۇ بولماي، جەڭمۇ بولماي ئۆلتۈرۈلىدۇ».

## پەرىشتە چۈشەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ـ ئەشەددىي شىمالىي پادىشاھ

[21] ــ «شۇنىڭدىن كېيىن پەس بىر ئادەم ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىپ شىمالىي پادىشاھلىقنى ئالىدۇ؛ ئەمما پادىشاھلىقنىڭ ھۆرمەت-شۆھرىتى

---

17:11 «...كۆچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ مىسىرغا يول ئالىدۇ» ــ «جەنۇبىي پادىشاھلىق»نىڭ مىسىر ئىكەنلىكى 8-ئايەتتىن كۆرۈنىدۇ. **«ئۇ مىسىر بىلەن ئەھدە تۈزىدۇ، ئۆزى ئەھدىدە تۇرغاندەك قىلىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە دۇرۇس ئادەملەر بىللە بارىدۇ؛ ئۇ ئۆز بېكىتكىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ». **«بىراق مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بىراق مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى چىرىتىش ئۈچۈن...».

18:11 **«نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەسىرگە ئالىدۇ»** ــ ياكى «نۇرغۇن يۇرتلارنى ئىگىلەيدۇ».

19:11 **«ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قورغانلارغا چېكىنىپ كېلىدۇ»** ــ ياكى «ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قورغانلارغا نىشان قىلىپ دىققەت قىلىدۇ».

20:11 **«پادىشاھلىقنىڭ ئەڭ شان-شەرەپلىك جايى»** ــ بۇ يەردە «ئەڭ شان-شەرەپلىك جايى» بەلكىم مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرخىل تەرجىمە قىلغاندا، «پادىشاھلىقنىڭ شان-شەرىپىنى بېزەش ئۈچۈن بىر زۇلۇم سالغۇچىنى ئەۋەتىدۇ» دېگەندەك بولىدۇ.

ئۇنىڭغا ھېچ تەۋە بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ؛ لېكىن ئۇ خەلقنىڭ
ئاسايىشلىق پەيتىدىن پايدىلىنىپ، يالاقچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن
ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ. [22] زېمىنىغا كەلكۈندەك بېسىپ كىرگەن
كۈچلەرنى ئۇ ھەم كەلكۈندەك ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ
ھەتتاكى «خۇدانىڭ ئەھدىسىدە بېكىتىلگەن ئەمىر»نىمۇ يوقىتىدۇ.
[23] شەرتنامە تۈزۈش ئارقىلىق ئۇ باشقا يۇرتلارنى ئالدايدۇ؛ ئادەملىرى
كىچىك بىر قوشۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچى ئاۋۇپ-ئاۋۇپ،
قۇدرەت تاپىدۇ.
[24] ئۇ خالايىقنىڭ ئاسايىشلىق پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئەڭ باي
ئۆلكىلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئاتىلىرى ياكى ئاتىلىرىنىڭ
ئاتىلىرى زادى قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، يەنى ئۇ ئولجىنى،
غەنىمەتلەرنى ۋە نۇرغۇن بايلىقلارنى قول ئاستىدىكىلىرىگە
ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ؛ مەلۇم بىر مەزگىلگىچە قورغانلارغىمۇ ھۇجۇم
قىلىش قەستىدە بولىدۇ. [25] ئۇ ئۆز كۈچىنى ئىشقا سېلىپ چوڭ غەيرەت
بىلەن قوزغىلىپ، زور قوشۇننى باشلاپ، جەنۇبىي پادىشاھقا ھۇجۇم
قىلىدۇ. جەنۇبىي پادىشاھمۇ ناھايىتى زور قۇدرەتلىك بىر قوشۇن
بىلەن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. لېكىن جەنۇبىي پادىشاھ خائىنلارنىڭ
يوشۇرۇن سۇيىقەستىگە ئۇچراپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.
[26] چۈنكى ئۇنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنى يېگەنلەر ئۇنى يىقىتىدۇ. ئۇنىڭ
قوشۇنى ھەممە يەرگە تارقىلىدۇ؛ نۇرغۇنلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ.
[27] كېيىن، بۇ ئىككى پادىشاھ بىر-بىرىنى قەستلىشىپ، يامان نىيەت
بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېيىشىپ، بىر-بىرىگە يالغان گەپ
قىلىشىدۇ؛ لېكىن بۇ ئىشلار ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى بۇ

---

22:11 **«خۇدانىڭ ئەھدىسىدە بېكىتىلگەن ئەمىر»** ــ مۇشۇ يەردە مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى «باش كاھىن»نى كۆرسىتىدۇ. ئونىياس ئىسىملىك كىشى، باش كاھىن ۋە بەك ئادىل كىشى بولۇپ، سۈرىيەنىڭ «ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس» دېگەن پادىشاھى تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 172-يىلى ئۆلتۈرۈلگەن.

26:11 **«ئۇنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنى يېگەنلەر»** ــ دېمەك، ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى.

ئىشلارنىڭ ئاخىرى پەقەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا بولىدۇ. [28] شىمالىي
پادىشاھ نۇرغۇن مال-مۈلۈكلەرنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ. ئۇ
كۆڭلىدە خۇدانىڭ خەلقى بىلەن تۈزگەن مۇقەددەس ئەھدىگە قارشى
تۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەھدىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى قىلىپ،
ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ.
[29] بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا شىمالىي پادىشاھ يەنىلا جەنۇبقا تاجاۋۇز
قىلىدۇ؛ لېكىن بۇ قېتىمقى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە ۋە يەنە كېلىپ
ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسىدىكى بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ. [30] چۈنكى
كىتتىم ئاراللىرىدىن چىققان كېمىلەر ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. شۇڭا
ئۇ دەرد-ئەلەم بىلەن چېكىنىدۇ ۋە خۇدانىڭ ئۆز خەلقى بىلەن تۈزگەن
مۇقەددەس ئەھدىسىگە قاراپ ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ، ئۇنىڭغا
قارشى خالىغىنىنى قىلىدۇ؛ شۇنداقلا چېكىنىپ يانغاندا مۇقەددەس
ئەھدىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئەتىۋارلايدۇ. [31] ئۇنىڭ تەرىپىدە
تۇرغان بىرنەچچە كۈچلەر قورغان بولغان مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى
بۇلغايدۇ، «كۈندىلىك قۇربانلىق»نى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ۋە «ۋەيران
قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نى ئۇنىڭ ئورنىغا قويىدۇ.
[32] ئۇ مۇقەددەس ئەھدىگە خائىنلىق قىلغۇچىلارنى خۇشامەت-

27:11 **«بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى پەقەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا بولىدۇ»** — مۇشۇ سىرلىق سۆزلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

29:11 **«لېكىن بۇ قېتىمقى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە ۋە يەنە كېلىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسىدىكى بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «لېكىن بۇ قېتىمقى ئاخىرقى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ».

—بۇ بېشارەت (تەرجىمىمىز بويىچە) توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

30:11 **«كىتتىم ئاراللىرىدىن چىققان كېمىلەر»** — «كىتتىم» ھازىرقى «سىپرۇس» دېگەن ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئارال. بۇ بېشارەت شۈبھىسىزكى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 168-يىلى، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ كېمىلىرى كىتتىم ئاراللىرىدىن چىقىپ ئانتىئوقۇس ئېپىفانىسقا (مىسىرغا تاجاۋۇز قىلغان ۋاقتىدا) ھۇجۇم قىلغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

31:11 **«قورغان بولغان مۇقەددەس ئىبادەتخانا...»** — ياكى «مۇقەددەس ئىبادەتخانا ۋە قورغان...». **«كۈندىلىك قۇربانلىق»** — 11:8دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**31:11** دان. 25:7؛ 27:9؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13؛ لۇقا 20:21؛ 2تېس. 4-3:2

هېلىگەرلىك بىلەن چىرىكلەشتۈرىدۇ؛ لېكىن ئۆز خۇداسىنى دوست
تۇتقۇچى خەلق بولسا قەيسەرلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. 33 خەلق
ئىچىدىكى ئاقىللار نۇرغۇن قېرىنداشلىرىغا تەلىم يەتكۈزىدۇ؛
لېكىن بىرنەچچە كۈنلەر ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىلىچتا يىقىلىدۇ،
ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، زىندانغا چۈشىدۇ ياكى بۇلاڭ-تالاڭغا
ئۇچرايدۇ. 34 يىقىلغان ۋاقىتلىرىدا، خۇدانىڭ خەلقى ئازغىنە ياردەمگە
ئېگە بولىدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ قاتارىغا خۇشامەت-
هېلىگەرلىك بىلەن سوقۇنۇپ كىرىدۇ. 35 بەزى ئاقىللار يىقىلىدۇ.
لېكىن ئۇلارنىڭ يىقىلىشى ئۆزلىرىنىڭ سىنىلىشى، تاۋلىنىش-
تازىلىنىشى، قىيامەت كۈنىگىچە پاكلىنىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى
ئاخىرەت خۇدا بەلگىلىگەن ۋاقىتتىلا كېلىدۇ.
36 شىمالىي پادىشاھ ئۆز مەيلىچە قىلىۋېرىدۇ؛ ئۇ تەكەببۇرلىشىپ،
ئۆزىنى ھەرقانداق ئىلاھلاردىنمۇ ئۇلۇغلاپ ئۈستۈن قويۇپ، ھەتتا ھەممە
ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى بولغۇچىغا ئاجايىب كۇپۇرلۇق سۆز قىلىدۇ؛ تاكى
خۇدانىڭ غەزىپى تولۇق تۆكۈلگەن كۈنىگىچە ئۇ داۋاملىق زور روناق
تاپىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ بېكىتكىنى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. 37 بۇ
پادىشاھ ئاتا-بوۋىلىرى چوقۇنغان ئىلاھلارغىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ،
ئاياللارغىمۇ ھېچقانداق ھەۋەس قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرقانداق
ئىلاھنى ھۆرمەتلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ھەرقانداق ئىلاھتىن ئۇلۇغ
دەپ قارايدۇ. 38 بۇلارنىڭ ئورنىدا ئۇ «كۈچلەر ئىلاھى»نى ھۆرمەتلەيدۇ؛
ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئەزەلدىن چوقۇنمىغان بۇ ئىلاھنى بولسا ئۇ
ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت ۋە باشقا قىممەتلىك سوۋغاتلارنى تەقدىم

---

**35:11 «چۈنكى ئاخىرەت خۇدا بەلگىلىگەن ۋاقىتتىلا كېلىدۇ»** — مۇشۇ يەردە، بېشارەت «ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس»نىڭ دەۋرىدىن، ئاخىر زامانغا ئۆتىدۇ.

**35:11** دان. 10:12

**36:11** دان. 25:7؛ 27:9؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13؛ لۇقا 20:21؛ 2تېس. 2:3-4؛ ۋەھ. 1:13-8

**37:11 «ئاياللارغىمۇ ھېچقانداق ھەۋەس قىلمايدۇ»** — ياكى، «ئۇ ئاياللار ئەتىۋارلايدىغان ئىلاھقىمۇ ھۆرمەت قىلمايدۇ».

قىلىپ ھۆرمەتلەيدۇ. [39] ئۇ ئەڭ مۇستەھكەم قورغانلارنى شۇنداق بىر
غەيرىي ئىلاھقا تايىنىپ ئىگىلەيدۇ. كىمكى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
بېقىنسا، ئۇ شۇلارغا شەرەپلىك مەنسەپ بېرىدۇ، ئۇلارنى كۆپچىلىكنى
باشقۇرىدىغان قىلىدۇ ۋە ئىنئام سۈپىتىدە يەر-زېمىننى تەقسىم
قىلىپ بېرىدۇ.
[40] ئاخىر زامان كەلگەندە، جەنۇبىي پادىشاھ ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنىڭغا
ھۇجۇم قىلىدۇ. شىمالىي پادىشاھ جەڭ ھارۋىلىرى، ئاتلىق ئەسكەرلەر
ۋە نۇرغۇن كېمىلەر بىلەن قۇيۇندەك ئۇنىڭغا قايتۇرما زەربە بېرىدۇ.
ئۇ بارلىق يۇرتلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، كەلكۈندەك تېشىپ كەڭ يەر-
زېمىنلارنى باسىدۇ. [41] ئۇ ھەتتا «گۈزەل زېمىن»غا بېسىپ كىرىدۇ؛ نۇرغۇن
ئەللەر ئازدۇرۇلۇپ يىقىتىلىدۇ. لېكىن بۇلار، يەنى ئېدوملار، موئابلار ۋە
ئاممونلارنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. [42] شىمالىي
پادىشاھ بارلىق دۆلەتلەرگە قولىنى سوزىدۇ، مىسىر زېمىنىمۇ قېچىپ
قۇتۇلالمايدۇ. [43] ئۇ مىسىرنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش بايلىقلىرى ۋە باشقا
قىممەت باھالىق بۇيۇملىرىنى تالان-تاراج قىلىدۇ. لىۋىيەلىكلەر ۋە
ئېفىئوپىيىلىكلەر ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئەگىشىدۇ.
[44] كېيىن شەرق ۋە شىمالدىن كەلگەن شەپىلەر ئۇنى ئالاقزادە قىلىدۇ.
ئۇ تېخىمۇ دەرغەزەپ بولۇپ نۇرغۇن كىشىنى قىرغىنچىلىق قىلىپ
ئۆلتۈرمەن دەپ جەڭ قوزغايدۇ [45] ۋە دېڭىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆركەم
مۇقەددەس تاغ تەرىپىگە ئوردا چېدىرلىرىنى تىكىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ
ئەجىلى شۇ يەردە توشىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنى قۇتقۇزمايدۇ».

---

39:11 **«... غەيرىي ئىلاھقا تايىنىپ ئىگىلەيدۇ»** ــ ياكى، «... غەيرىي ئىلاھقا ھۇجۇم قىلىدۇ». يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ ئەڭ مۇستەھكەم قورغانلارنى ئىگىلەپ، ئۇ بۇ ئىلاھقا چوقۇنۇشنى بەرپا قىلىدۇ». **«ئىنئام سۈپىتىدە...»** ــ ياكى «مەلۇم بىر باھادا (سېتىۋېتىپ)،...».

41:11 **«گۈزەل زېمىن»** ــ قانائاننى (پەلەستىننى) كۆرسىتىدۇ.

41:11 ۋەھ. 6:12

45:11 **«دېڭىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا»** ــ دېمەك، ئوتتۇرا دېڭىز ۋە ئۆلۈك دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا. **«كۆركەم مۇقەددەس تاغ»** ــ يېرۇسالېم سېلىنغان «زىئون تېغى»نى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «...دېڭىزلار ۋە مۇقەددەس تاغ ئارىسىدا...».

## قىيامەت كۈنى

12 [1] ــ «ئۇ چاغدا، قېرىنداشلىرىڭنى «قوغدىغۇچى ئۇلۇغ ئەمىر»
مىكائىل مەيدانغا چىقىدۇ. بىر ئازابلىق مەزگىل بولىدۇ؛
يۇرت-دۆلەت بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، شۇنداق چوڭ بالايىئاپەتلىك
مەزگىل بولۇپ باقمىغان. بىراق شۇ چاغدا خەلقىڭ قۇتقۇزۇلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نامى ھاياتلىق دەپتىرىگە پۈتۈلگەنلەرنىڭ
ھەممىسى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. [2] تۇپراقتا ياتقان ئۆلۈكلەردىن
نۇرغۇنلىرى تىرىلىدۇ. ئۇلار مەڭگۈلۈك ھاياتتىن بەھرىمەن
بولىدۇ؛ قالغانلىرى نومۇستا ھەم مەڭگۈلۈك رەسۋاچىلىققا تىرىل
ىدۇ. [3] ئاقىللار ئاسماندىكى گۈمبەزدەك پارلاق جۇلالىنىدۇ؛ نۇرغۇن
كىشىلەرنى ھەققانىيلىق يولىغا باشلاپ كىرگەنلەر يۇلتۇزلارغا
ئوخشاش ئەبەدىلئەبەد پارلاپ تۇرىدۇ».
[4] ئۇ ماڭا يەنە:
ــ ئى دانىيال، سەن ئەمدى بۇ سۆزلەرنى توختات؛ مەزكۇر كىتابنىڭ
تاكى دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە شۇ پېتى تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنى
پېچەتلەپ مۆھۈرلىۋەتكىن. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيان-بۇيان يۈرىدۇ ۋە

---

1:12 **«قېرىنداشلىرىڭ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «خەلقىڭنىڭ بالىلىرى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«قوغدىغۇچى ئۇلۇغ ئەمىر»** ــ «ئەمىر» مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى «چوڭ پەرىشتە» مەنىسىدە. مۇقەددەس كىتابتىكى باشقا يەرلەردىن شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مىكائىل دېگەن پەرىشتە «باش پەرىشتە»دۇر («يەھ.» 9-ئايەت، «ۋەھ.» 7:12). **«مەيدانغا چىقىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «بىر تەرەپتە تۇرىدۇ». دېمەك، ئەسلىدە مىكائىل ئىسرائىل خەلقىگە مۇھاپىزەت بېرىدۇ. لېكىن ھازىر ئۇ مۇھاپىزەتچى رولىنى ۋاقىتلىق بىر ياققا قويىدۇ. **«.... ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نامى ھاياتلىق دەپتىرىگە پۈتۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ»** ــ بۇ بابتىكى ئۇلۇغ بېشارەتلەر توغرۇلۇقمۇ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**1:12** مات. 21:24

**2:12** يەش. 19:26؛ مات. 46:25؛ يـۇھ. 29:5؛ روس. 15:24

**3:12** پەند. 18:4؛ مات. 43:13

بىلىم ئاشىدۇ، ــ دېدى. [5] مەنكى دانىيال كۆردۈمكى، مانا ئىككى
زات، بىرى دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە، يەنە بىرى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە
تۇرۇپتۇ. [6] ئۇلاردىن بىرى دەريا سۈيى ئۈستىدە تۇرغان ئاق كاناپ كىيىم
كىيگەن زاتتىن:
ــ بۇ كارامەت ئىشلار تۈگىگىچە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ ــ دەپ
سورىدى.
[7] ئۇ دەريا سۈيى ئۈستىدە تۇرغان، كاناپ كىيىم كىيگەن زات ئوڭ ۋە
سول قولىنى ئاسمانغا قارىتىپ كۆتۈرۈپ، مەڭگۈ هايات بولغۇچىنىڭ
نامى بىلەن قەسەم قىلىپ:
ــ بىر ۋاقىت، ئىككى ۋاقىت، قوشۇمچە يېرىم ۋاقىت كېتىدۇ. خۇدانىڭ
مۇقەددەس خەلقىنى پارچىلىغۇچى خورلۇق ئاخىرلاشقاندا، بۇ ئىشلار
تۈگەيدۇ، ــ دېدى.
[8] ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، مەنىسىنى چۈشەنمىدىم. شۇڭا
مەن:
ــ تەقسىر، بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.
[9] ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:
ــ «ئەي دانىيال، يولۇڭغا ماڭ، چۈنكى بۇ سۆزلەر ئاخىر زامانغىچە
مەخپىي تۇتۇلۇپ يېپىقلىق تۇرىدۇ. [10] نۇرغۇن كىشىلەر تازىلىنىدۇ،

---

4:12 **«سەن ئەمدى بۇ سۆزلەرنى توختات»** ــ ياكى، «سەن ئەمدى بۇ سۆزلەرنى يوشۇرۇپ قوي». **«نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيان-بۇيان يۈرىدۇ ۋە بىلىم ئاشىدۇ»** ــ ياكى «نۇرغۇن كىشىلەر تەتقىق قىلىپ، بىلىم ئاشۇرۇلىدۇ». بۇ بېشارەت يەنە «ئام.» 12:8 بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**4:12** ۋەھ. 5:1-5؛ 10:22

**6:12** دان. 5:10

7:12 **«بىر ۋاقىت، ئىككى ۋاقىت، قوشۇمچە يېرىم ۋاقىت كېتىدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە «بىر ۋاقىت، ئىككى ۋاقىت، قوشۇمچە يېرىم ۋاقىت» دېگىنى، يۇقىرىدا 25:7دىكى ئىزاھاتتا تەھلىل قىلغىنىمىز توغرا بولسا، تەخمىنەن ئۈچ يېرىم يىلنى، توپ-توغرا 1260-كۈننى كۆرسىتىدۇ.

**7:12** ۋەھ. 5:10، 6

**9:12** ۋەھ. 5:1-5؛ 10:22

پاكلىنىدۇ ۋە تاۋلىنىدۇ. رەزىللەر بولسا، داۋاملىق رەزىللىك
قىلىۋېرىدۇ؛ ئۇلاردىن ھېچكىم بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ، بىراق ئاقىللار
چۈشىنىدۇ. [11] كۈندىلىك قۇربانلىق سۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان
كۈندىن تارتىپ، يەنى «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»
قويۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان كۈن ئۆتىدۇ.
[12] ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ، بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز بەش كۈننى كۈتۈپ
ئۆتكۈزگەنلەر نېمىدېگەن بەختلىك-ھە!
[13] ئەمما سەن بولساڭ، ئاخىرغىچە يولۇڭدا مېڭىۋەرگىن. سەن ئارام
تاپىسەن، ۋە كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا نېسىۋەڭگە مۇيەسسەر بولۇشقا
قايتا تىرىلىسەن».

13:12 **«كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا»** ــ مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىدىغان كۈنى.

# قوشۇمچە سۆز

## بەزى مۇھىم ساۋاقلار ۋە بېشارەتلەر

بۇ قوشۇمچە سۆزدە ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى، بەزى ئۇلۇغ بېشارەتلىرىنى ۋە بۇ بېشارەتلەرنىڭ تارىختا ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇشقا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە يېزىلغان.

## مەزمۇنلار:

(1) كىتابنىڭ تارىخى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا
(2) قانداق قىلىپ ساپ دىل، ساپ ۋىجدانلىق بولۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش
(3) (2-باب) چوڭ ھەيكەل
(4) (5-باب) بابىل شەھەرنىڭ غۇلىتىلىشى توغرۇلۇق
(5) (7-باب) ياۋايىي زور مەخلۇق
(6) (8-باب) قوچقار ۋە ئۆچكە
(7) (9-باب) 70 ھەسسە يەتتە ۋاقىت
(8) (10-12-باب) ئاخىرقى بېشارەتلەر.

## (1) كىتابنىڭ تارىخى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا

خۇداسىز كىشىلەر تارىختىن بۇيان بۇ كىتابنىڭ تەلىملىرىگە جان-جەھلى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلغان ۋە قارشى تۇرۇپ كەلگەن. مۇبادا تەۋرات ياكى ئىنجىلدا «دانىيال» قىسمىدىن باشقا بېشارەت بەرگەن قىسىملار بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، پەقەت «دانىيال» قىسمىنىڭ ئۆزىلا ھەقىقەتكە تەشنا بولغان ھەربىر كىشىگە: «ئەرشتە چوڭقۇر سىرلارنى ئاشكارىلايدىغان بىر خۇدانىڭ بارلىقى»غا قارىتا يېتەرلىك ئىسپاتلارنى تەمىنلەيتتى (2-باب، 28-ئايەت). شۇنىڭدەك، «دانىيال» قىسمى يەنە ئەزەلدىن بۇيان ھەممە ئىشنى ۋە شۇنداقلا بىزنى ئوبدان بىلىدىغان بىر خۇدا بار دەپ ئېنىق ئىسپات بېرىدۇ. «دانىيال» قىسمىدىكى بەزى بېشارەتلەر

ناھايىتى ئېنىق، شۇنچە توغرا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىكى، بۇ پاكىتلار ئالدىدا خۇداسىزلارغا ئۆز گۇناھىنى تونۇپ: «خۇدا بار» دەپ توۋا قىلىشتىن ياكى بولمىسا، «ئۇنىڭدا دېيىلگەن ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن يېزىلغان بىر ئويدۇرما» دېيىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. بەزى خۇداسىزلار بولسا بۇنى دېيىشكە پېتىندى. بىراق ئۇلۇغ داۋۇت پەيغەمبەر دېگەندەك: «چۈنكى ھەتتا ئىنسانلارنىڭ (رەزىل) قەھرىمۇ سەن پەرۋەردىگارغا شۆھرەت كەلتۈرىدۇ». خۇدا ئۇ خۇداسىزلارنىڭ مۇقەددەس كىتابقا قاراتقان ھۇجۇملىرىدىن «دانىيال» قىسمىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بارغۇزۇلغان. نەتىجىدە، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ ھەقىقەتلىكى تېخىمۇ ئۈزۈل-كېسىل ئىسپاتلانغان.

يەھۇدىي خەلقى ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان مۇقەددەس تەۋرات ۋە زەبۇرغا قول تىقماقچى بولغانلاردىن ئىنتايىن قاتتىق قوغداپ كەلگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا، يەھۇدىيلاردا «مۇقەددەس كىتابلار قىسىملىرىنىڭ تىزىملىكى» بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېڭى «پەيغەمبەر كىتابى»نى بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈشى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ-ئېنىقلاش، بولۇپمۇ كىتاب (ئۆز زامانى توغرۇلۇق) بەرگەن بېشارەتلەر «ئەمەلگە ئاشقانمۇ-يوق؟» دەپ قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنلا بولاتتى. خۇداسىزلار: ««دانىيال قىسمى» بېشارەت قىلغان ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن يېزىلغان بىر يالغان كىتاب» دەۋالدۇ. بىراق خۇداسىزلار دېگەندەك ««دانىيال قىسمى» مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 200-يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان (ئەمەلىيەتتە «دانىيال» مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 550-يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان) ساختا بېشارەتلىك كىتاب» بولسا، ئۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان، ئاتا-بوۋىلىرى شۇنچە يىللاردىن بېرى ھېچقانداق خەۋەر تاپمىغان كىتابنى شۇ چاغدىكى يەھۇدىيلار تىزىملىككە كىرگۈزۈشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

تەۋرات ۋە زەبۇردىكى باشقا قىسىملارغا ئوخشاش، «دانىيال»نىڭ ھازىرقى بار بولغان ئەڭ ئاۋۋالقى كۆچۈرۈلمىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200-يىلى ئەتراپىدا كۆچۈرۈلگەن. شۇ دەۋردە يېزىلغان كىتابلار «دانىيال»نى تىلغا ئالغانلىقى، ئۇنىڭ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىگە ئىسپات بېرىدۇ. «دانىيال» قىسمى داڭلىق «سېپتۇئاگىنت» ئىچىدىن تېپىلىدۇ. («سېپتۇئاگىنت»

يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات ۋە زەبۇرنى يۇنان تىلى (گرېك تىلى)غا قىلغان تەرجىمە نۇسخىسى. ئۇ بەزىدە قىسقارتىلىپ «LXX» دەپ ئېلىنغان). «سېپتۇئاگىنت» دېگەن تەرجىمە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 250-يىلى ئەتراپىدا ئورۇنلانغان. بۇ ۋاقىت «دانىيال»دا ئالدىن ئېيتىلغان بەزى ۋەقەلەر يۈز بېرىشتىن خېلى ئىلگىرى ئىدى. خۇداسىزلار «دانىيال»نى بىر «ئويدۇرما كىتاب» دېيىشتە تېخىچە چىڭ تۇرۇۋەرسە، ئۇنداقتا ئۇلار تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى كېرەك: ــ

(ئا) ھازىرقى دەۋردىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ كىتابتا خاتىرىلەنگەن تارىخىي تەپسىلاتلارنىڭ پەقەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشى تەرىپىدىنلا يېزىلغانلىقىغا مول ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. دېمەك، يازغۇچى (خۇداسىزلار دېگەندەك) كېيىنكى دەۋردە ياشىغان بولسا، بۇ تەپسىلاتلارنى بىلمىگەن بولاتتى. «دانىيال»نىڭ يازغۇچىسى بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يوقالغان مەدەنىيەتلەر توغرىسىدىكى ھەم پەلەستىندىن ئىنتايىن يىراق جايلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى تەپسىلىي ھەم توپ-توغرا تارىخىي ئۇچۇرلارنى قانداقمۇ ئالالىسۇن؟

(ئە) كىتابنىڭ يازغۇچىسى تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلارنى (ئەگەر ئۇ ھەقىقىي پەيغەمبەر بولمىسا) ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان توپتوغرىلىقى بىلەن قانداق ئالدىن بېشارەت بېرەلىسۇن؟

(ب) بۇ بېشارەتلەرنىڭ نادىرلىرىنى، بولۇپمۇ «دانىيال» قىسمى 9-بابتىكى «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ»نىڭ دۇنياغا كېلىشى، يېرۇسالېمنىڭ مىلادىيە 70-يىلدىكى قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتى ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەھۇدىي خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەنلىرىنى (دانىيال ھەقىقىي پەيغەمبەر بولمىغان بولسا) قانداقمۇ چۈشەنگىلى بولسۇن؟! ھېچكىم بۇ «9-باب»نى «ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن يازغان» دېيەلمايدۇ. ھەتتا تارىختىن ئازراق ساۋاتى بار كىچىك بالىنىڭ بىلىمىمۇ بۇنداق بولمىغۇر نەزەرىيەنى رەت قىلىشقا يېتىدۇ.

شۈبھىلاشقا «دانىيال» قىسمىنىڭ ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن ئەينى يىللاردا، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-536-يىللاردا دانىيال ياكى ئۇنىڭ بىر پۈتۈكچىسى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق.

مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزى بىرنەچچە قېتىم «دانىيال» قىسمىدىكى سۆزلەرنى ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە نەقىل كەلتۈرگەن (مەسىلەن، «ئىنجىل، «مار.» 14:13).

## (2) قانداق قىلىپ ساپ دىل، ساپ ۋىجدانلىق بولۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش

(سىز ئاۋۋال «دانىيال»، 1- ۋە 3-بابنى كۆرۈڭ)

دانىيال ۋە ئۇنىڭ ئۈچ دوستى پەقەتلا 15-16-ياشلاردىكى ئۆسمۈرلەر بولۇپ نېبوقادنەسار تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلى ئەسىرگە ئېلىنغان. نېبوقادنەسار بولسا يېڭى بىر ئىمپېرىيەنىڭ يەنى، بابىل (بابىلون)نىڭ تۇنجى پادىشاھى ئىدى. بۇ ياش ئۆسمۈرلەر ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ، بىراقلا پۈتۈنلەي يات بىر مۇھىتقا كەلتۈرۈلگەنىدى. بۇ يېڭى مۇھىت ھەم بۇتپەرەسلىككە ھەم خۇراپىيلىققا تولغان. دانىياللارنىڭ ئىبادەت قىلغان خۇداسى پەرۋەردىگار ئاشۇ مۇھىتتا ھەم كۈلكىلىك ھەم ئاجىز بىر ئىلاھ دەپ قارالغان. قەدىمكى زامانلاردا پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر يەھۇدىيلارنى بەك غەلىتە دەپ قارايتتى. چۈنكى، كىممۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر خۇداغا ئىبادەت قىلسۇن؟ «پەرۋەردىگار» دېگەن كۆرگىلى بولىدىغان بىر مەبۇد بولمىسا، كىشىلەر قانداقمۇ ئۇنداق بىر خۇداغا ئىشەنسۇن؟

ئەمما بابىللىقلار (ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە): «يەھۇدىيلارنىڭ «پەرۋەردىگار»ى بولغان خۇداسى مەۋجۇت بولغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇ ئۆز خەلقى بولغان يەھۇدىيلارنى قاتتىقچىلىققا قويىدۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ خۇداسى بولسا، نېمىشقا ئۇلارنى بابىللىقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىمايدۇ؟ بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز يەھۇدىيلارنىڭ خۇداسىدىن چوقۇم كۈچلۈكتۇر» دەپ ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە (بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى) خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۆز خەلقى بولغان يەھۇدىيلارغا مۇقەددەس قانۇن-پەرمانلىرىنى چۈشۈرگىنىدە، «بۇ قانۇن-پەرمانلىرىمغا ئىتائەت قىلساڭلار سىلەرنى ئۇبدان قوغدايمەن ۋە سىلەرگە بەخت ئاتا قىلىمەن» دېگەن ۋەدىلەرنىمۇ بەرگەن. يەھۇدىيلار بۇنى ئوبدان بىلگەن، بىراق بابىللىقلار ۋە باشقا يات ئەللەر بۇنى بىلمىگەن، ئەلۋەتتە. ھەزرىتى مۇسا تەۋراتتا، يەھۇدىيلارغا خۇدادا (مۇقەددەس قانۇن كۆرسەتكەن يولدا) ئىبادەت قىلمىساڭلار، ئۇنىڭغا مىننەتدار بولمىساڭلار، بۇتلارغا چوقۇنساڭلار، ئۆزئارا ئادىل ۋە مېھرىبان مۇئامىلىدە بولمىساڭلار خۇدا سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارغا يول قويىدۇ دەپ بېشارەت بېرىپ ئۇلارنى

ئاگاھلاندۇرغان. دۈشمەنلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. ھازىر بولسا، دانىيالنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ خۇدانىڭ پەرمانلىرىغا بولغان ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن، دەل بۇ ئىش يۈز بەرگەنىدى. دانىيال ۋە ئۈچ دوستى شۇنداق بۇتپەرەسلىك قىلغانمۇ؟ ياق، بىراق ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ۋە ئۆز دەۋرىدىكى باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلار چېتىلىپ قېلىپ ئازاب چەككەن. بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ھامان ئۆزىمىزدىن باشقىلارغىمۇ (باشقىلار گۇناھسىز بولسىمۇ) يامانلىق يەتكۈزىدۇ.

پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى خىزمەتتە بولۇش ئۈچۈن، دانىيال ۋە ئۇنىڭ ئۈچ دوستى يېڭى بىر تىلنى، يېڭى ئۆرپ-ئادەتلەرنى ۋە ھەتتا بابىللىقلارنىڭ خۇراپىي ۋە غەيرىي ئەقىدىلىرى توغرىسىدا ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. بىرىنچى قېتىم بابىل شەھىرىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىدىن كىرىپ، شەھەرنىڭ 110 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېپىللىرىنى، سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى 80 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنارلارنى كۆرۈشى بىلەن تۆت ياش ئۆسمۈردە قانداق ھېسسىياتلار بولغاندۇ؟ چوڭ بۇتخانىلار، بۇتلىرىغا بېغىشلىغان ناھايىتى چوڭ تام رەسىملىرى ۋە پۈتۈكلەر ھەممىلا يەردە بار ئىدى. ھەر تەرەپتە بىپايان باغلار، باغچىلار ۋە ئوردىلار كۆرۈنەتتى. ئۇلار بىرىنچى قېتىم پادىشاھنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردىسىغا ئەكېلىنگەن ۋاقىت، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا چوقۇم ئېغىر سىناق بولدى. پۈتۈن ئالەمنىڭ ھوقۇق مەركىزى مۇشۇ يوغان ئوردىمىدۇ، ياكى بۇ تۆت دوست كۆرمىگەن خۇدانىڭ تەختىمىدۇ؟ بۇ بابىللىقلارنىڭ شۇنچە زور كۈچى، شۇنچە يۇقىرى ھۈنىرى ۋە بىلىمى بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ خۇدا توغرىسىدىكى كۆز-قارىشى توغرىمىدۇ؟

بۈگۈنكى دەۋردە ياشاۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئاساندەك تۇرىدۇ. بابىل ئىمپېرىيەسى يوقالغىلى ئۇزۇن بولدى؛ بابىل دېگەن ئۇلۇغ شەھەر خارابىلىققا ئايلانغانىدى. ئارخېئولوگلار بۈنىڭدىن 150 يىل ئىلگىرى ئۇنى تاپقان. دانىيال، يەرىميا ۋە باشقا يەھۇدىي پەيغەمبەرلەر ئالدىن ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ ھەيۋىسى، شان-شەرىپى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتتى. لېكىن دانىيالنىڭ كىتابى، جۈملىدىن ئۇنىڭ خۇدا توغرۇلۇق دېگەنلىرى بىزگە قالدۇرۇلدى.

- بىراق بىز ھەزرىتى دانىيال بىزگە قالدۇرغان ساۋاقلارنى راست ئۆگەندۇقمۇ؟

يوق؟ تارىختا ئىمپېرىيەلەر، ئىمپېراتورلار مەيدانغا كېلىدۇ، بەزىدە بۇ مىللەت، بەزىدە ئۇ مىللەت ھوقۇققا ئېرىشىدۇ، لېكىن يەنە يوقىلىدۇ. ئۇلار ھوقۇق تۇتقان ۋاقىتلاردا، خەقلەر ئۇلارغا ئىلاھ دەپ چوقۇنىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى تۈمەن مىڭ يىل ياشار، دەپ ئەخمىقانە جۆيلۈيدۇ. بىراق ئۆلۈم بولسا ئۇلاردىن ئۇلۇغ ۋە كۈچلۈك بىر ئىمپېراتوردۇر؛ دۇنيا تارىخىدا ئۆلۈم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ تىرىلگەن ھەم ئاسمانغا قايتقان پەقەت بىر ئادەم بولغان. بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈمى بولسا «دانىيال» قىسمىدا بېشارەت قىلىنغان. ئۇنىڭ تىرىلىشىمۇ ۋاستىلىك ھالدا بېشارەت قىلىنغان، چۈنكى ئۇنىڭ دۇنيانى سوت قىلىشىنى، پۈتۈن ئالەمنى تولۇق ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى قوبۇل قىلىشىنى 7-بابتا كۆرگىلى بولىدۇ.

دانىيال، ھانانىيا، مىشائېل ۋە ئازارىيالار خۇدادىن يۈز ئۆرۈتىدىغان شۇنداق بېسىمغا قانداق بەرداشلىق بەرگەندۇ؟ ئۇلار قانداق قىلىپ خۇداغا بولغان سادىقلىقىدا چىڭ تۇرغاندۇ؟

بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب بەلكىم كۆپتۇر، بىراق ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلەر مۇھىم ئامىل بولۇشى كېرەك: ــ

(ئا) ئۇلار خۇدانىڭ ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە، ئەرش-زېمىننى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ياراتقانلىقىغا ئىشەنگەن (2-باب، 20-22-ئايەتنى، يەنى دانىيالنىڭ دۇئاسىنى كۆرۈڭ).

(ئە) ئۇلار خۇدانىڭ پۈتۈنلەي ساپ، پاك-مۇقەددەس ۋە ھەققانىي ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. شۇڭلاشقا خۇدانىڭ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ مۇقەددەس نامىغا داغ كەلتۈرمەسلىكنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىن مۇھىم دەپ قارايتتى. بۇنى، ئۈچ دوستىنىڭ نېبوقادنەسارغا قىلغان سۆزلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ (3-باب، 17-، 18-ئايەت). ھەتتا ئۆز جېنىدىن ئايرىلىش خەۋپى ئاستىدا، ئۇلار بىر مەبۇدقا چوقۇنۇشنى رەت قىلغان. 1-بابتىن بىلىمىزكى، يېمەكلىك مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئاددىي بىر ئىشتىمۇ ئۇلار ھەتتا مەبۇدقا چوقۇنۇش قىياپىتىدە كۆرۈنۈپ قېلىشىنىمۇ خالىمىغان (1-بان، 8-ئايەت، ھەم ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ). پادىشاھنىڭ ئەنە شۇنداق ئېسىل تاماقنى يېيىش خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بەرگەن تەۋرات-قانۇنىغا خىلاپ بولغاچقا، ئۇلار پەقەت كۆكتات-ئۇماچنىلا ئوزۇق قىلىشقا تەييار ئىدى.

(ب) دانىيال، ھانانىيا، مىشائېل ۋە ئازارىيالار مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگەن

مۇقەددەس قانۇندىكى تەلىملەر ۋە ۋەدىلەرنى ھەم ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆز-تەلىملىرىنى ئۆزلىرىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەنىدى. بۇنى، دانىيالنىڭ يەرىمىيا پەيغەمبەر قىسمىنى تەتقىق قىلغانلىقىدىن (9-باب، 2-ئايەت) كۆرىمىز. بۇنى يەنە 9-باب، 9-19-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن، مۇسا ۋە سۇلايمان ھەزرەتلىرى ئارقىلىق بېرىلگەن خۇدانىڭ سۆز-ۋەدىلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن ھەزرىتى دانىيالنىڭ دۇئاسىدىن كۆرىمىز.

(پ) دانىيال ۋە ئۇنىڭ ئۈچ دوستى بۇتپەرەس بابىللىقلارغا سەممىمىي ۋە كىچىك پېئىللىق پوزىتسىيىنى تۇتقان. دانىياللار ئۇلارنى خۇدانى تونۇمىغانلىقىدىن كەمسىتمىگەن، ئەكسىچە بابىللىقلارنىڭ ھەقىقەتنى چۈشىنىشىنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارنى يەنىلا «خۇدانىڭ سۈرىتىدە يارىتىلغان ئىنسان باللىرى» دەپ ھۆرمەتلىدى («يار.» 26:1نى كۆرۈڭ).

بۇ پاكىتنى بىز ئالدى بىلەن «ئوردا غوجىدارى»نىڭ دانىيالنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىدىن كۆرىمىز (1-باب، 9-ئايەتنى كۆرۈڭ). ئەگەر دانىيال تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق قىلغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئۆزىنى بۇ يات يۇرتقا مەجبۇرىي ئېلىپ كەلگەن بۇ بابىللىقلارغا ئۈچمەنلىك ساقلىغان بولسا، ئەگەر ئۇ بابىل ئوردىسى ئۆزىگە بەلگىلىگەن ئوقۇشلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن بېرىلمىگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ چوڭ ئەمەلدارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. شۈبھىسىزكى، دانىيال بابىللىقلارنى خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە ساۋاق-تەربىيە بېرىدىغان بىر ۋاستىچىسى قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارغا ئۆچمەنلىك ساقلىماسلىق كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تۆت دوست يەنە بىر مۇھىم نۇقتىنى تونۇپ يېتىشى مۇمكىن ئىدى: ــ خۇدا ئۇلار ۋە بابىل ئىمپېرىيەسىدە تارقىلىپ كەتكەن باشقا ئىخلاسمەن يەھۇدىيلار ئارقىلىق خۇداسىز بۇتپەرەس بابىللىقلارغا ئۆزىنى تونۇتماقچى ئىدى. 4-بابتا بىز نېبوقادنەسارنىڭ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكى، ئۇنى مەغرۇرلۇقتىن قانداق قۇتقۇزۇپ، كىچىك پېئىللىققا ئايلاندۇرغانلىقى ھەققىدىكى گۇۋاھلىقىنى كۆرىمىز. بۇ گۇۋاھلىق پۈتۈن ئىمپېرىيە بويىچە ئېلان قىلىنىپ، تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بولۇشى مۇمكىن. خۇدا بۇ دۇنيادىكى ھەر بىر خەلق-مىللەتنى سۆيىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ توۋا قىلىشىنى ھەم ئۆزىنىڭ رەھىم-شەپقىتىنى تونۇپ يېتىشىنى خالايدۇ.

دانىيالنىڭ ھەر بىر كىشىگە بولغان ھۆرمىتىنى 1-باب، 12-، 13-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن ئۇنىڭ ئارىئوققا بەرگەن جاۋابىدىن كۆرىمىز. ھەتتا بەلشازاردەك بىر ئەخلاقسىز ئادەمگە تەنبىھ بەرگەن ۋاقتىدىمۇ، سۆزلىرىدە ئادەپسىزلىكنىڭ قىلچە پۇرىقى يوق (5-باب، 17-22-ئايەت).

دانىيالنىڭ باشقىلارغا، ھەتتا خۇراپىي بابىللىق پالچىلارغا بولغان رەھىمدىل مۇئامىلىسىنى 2-باب، 24-ئايەتتىن كۆرىمىز (پالچىلىق، رەممالچىلىق قاتارلىقلار تەۋراتقا خىلاپ). شۇ چاغدا ئۇ پادىشاھدىن ئۈچ دوستى ۋە ئۆز جېنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولغان بارلىق پالچى، پىر-ئۇستاز ۋە مۇنەججىملار ئۈچۈنمۇ ئىلتىماس قىلغان. ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ. ئەگەر دانىيال پۇرسەتپەرەس بولغان بولسا، شۇ چاغ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پەيت بولاتتى. چۈنكى پەقەت دانىياللا پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەلەيتتى. شۇڭلاشقا ئۇ بىرلا سۆز بىلەن بارلىق «رەقىبلىرى»نى ئۆلۈم يولىغا ئەۋەتىپ، پادىشاھنىڭ بىردىنبىر مەسلىھەتچىسى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما دانىيال پۇرسەتپەرەس ئەمەس، بەلكى رەھىمدىل ئىنسانپەرۋەر ئىدى.

(ت) ئاخىرقى نۇقتا: ـ دانىيال ۋە ئۈچ دوستى ئۆزلىرىنىڭ خۇداغا ئىتائەت قىلىشى بىلەن خۇدانىڭ ئۆز دۇئالىرىنى ھەقىقىي ئاڭلىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە، ئۆز بەندىلىرىگە ياردەم كۆرسىتىشكە تەييار تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى تولۇق ئىدى. بۇنى بىز 1-باب، 12-، 13-ئايەتتىن كۆرىمىز. دانىيال ئوردا غوجىدارىدىن ئۆزى ۋە دوستلىرىنىڭ پەقەت ئۇماچ-كۆكتاتنىلا ئىستېمال قىلىپ سالامەتلىك سىنىقىدىن ئۆتۈشىنى ئىلتىجا قىلدى. ئادەتتە كىشىلەر ئۇنداق غۈرىگىل تاماقلار بىلەن ئوزۇقلانسا، ناھايىتى ئاسانلا ئورۇقلاپ كېتىدۇ، بىراق خۇدا ئۇلارغا بەرىكەت قىلدى. ئۇلار ساغلام، قۇۋۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى پادىشاھنىڭ ئېسىل تائاملىرىنى يېگەن يىگىتلەردىن تېخىمۇ ساغلام كۆرۈندى. بىز خۇدانى خۇرسەن قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ساپ دىل ياشاشنى خالىساق، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ كۆپ سىناقلىرى، جاپا-مۇشەققەتلىرى، چىرىكلىكلىكى، ئالدامچىلىقلىرى ۋە بېسىملىرى ئارىسىدىن بىزگە تۈز-دۇرۇس ماڭىدىغان يولنى ياساپ بېرىدۇ. ئوردا غوجىدارىدەك كىشىلەر پەرۋەردىگارنىڭ بىز بىلەن بىللە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، بىزنى ئورۇن بىلەن تەمىنلەپ، بىزنىڭ ھالال تىرىكچىلىك قىلىشىمىزغا يول بېرىدۇ.

خۇدا بىزگە، ئۇنىڭ يولىدا ماڭساق ئۇ بىزدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بەرگەي!

## (3) نىبوقادنەسارنىڭ چۈشى - چوڭ ھەيكەل
## دۇنيانىڭ پۈتكۈل تارىخىنىڭ بىر باپتىلا بېشارەت قىلىنغانلىقى
## ھاكىمىيەت سىستېمىلىرى توغرىسىدا

(ئاۋۋال 2-بابنى كۆرۈڭ)

نىبوقادنەسارنىڭ قورقۇنچلۇق چۈشى ئۇ بىر كۈنى كەچتە، كەلگۈسىدە دۇنيادا نېمە ئىشلار بولار دېگەن ئويدا بولۇپ ئۇخلاپ قالغىنىدا ئايان بولدى. شۇ چاغدا ئۇ ئىنتايىن چوڭ بىر ئىمپېرىيەنىڭ بېشى ئىدى. ئۇ قايسى يەرگە قوشۇنلىرىنى ئەۋەتسە، شۇ يۇرتلار ئۇنىڭغا تىز پۈكەتتى. بۇنداق ئەھۋال چەكسىز كېتەۋېرەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ كەلگۈسى قانداق بولىدۇ؟

خەقلەر بەلكىم دائىم زوڭتوڭلارغا، مەنسەپدارلارغا ھەۋەس قىلىشى مۇمكىن. بىراق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەلكىم ھەرقانداق كىشىلەردىن مۇقىمسىز، غەم-غۇسسىلىك بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىر كىشى ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنچ، خەۋپ كۆرۈنۈپ، ھەردائىم ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى قوغداش كويىدا يۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە ھەقىقىي سادىق كىشىلەرنى قانداق تېپىش ئەندىشىسىدە يۈرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ستالىن بۇنىڭغا تىپىك بىر مىسال. ئۇ «تولۇق ھوقۇققا ئىگە» بولغان بىر «مۇستەبىت» بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرى رەھىمسىز قورقۇنچ بىلەن تولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەملەرىنىمۇ ئۆلتۈرگەن.

روشەنكى، نىبوقادنەسار ئوردىسىدىكى «پىر-ئۇستازلار»نىڭ ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق چۈشىگە تەبىر بېرىش قابىلىيىتىدىن گۇمانلانغان. ئۇنىڭ ئوردىسىدا شۇنچە كۆپ «پالچى، پىر-ئۇستاز، جادۇگەر ۋە كالدىي مۇنەججىملەر» بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ پادىشاھنى بەلكىم ئۇلارغا ئىشىنىدۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئۇلارغا ئىشەنمىگەن. ئۇنىڭ دانىيال، ھانانىيا، مىشائىل ۋە ئازارىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭغا يېڭى ئۆلچەملەرنى يەتكۈزگەنمۇ نېمە؟ (1:19- 20) ئىشقىلىپ ئۇ بۇ «پىر-ئۇستازلار»غا: «چۈشۈمنى ماڭا تەكرارلاپ دەپ بېرەلىسەڭلار ئاندىن

تەبىر بېرەلەيدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن» دېگەن سىناقنى قويدى. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق بىر كىشى پەرەز بىلەن مەلۇم بىر چۈشكە تەبىر بېرەلەيدۇ ــ ئەگەر ئەمەلگە چىقسا، كىشىلەر سىزنى ماختاپ كېتىدۇ، ئەگەر ئەمەلگە چىقمىسا، «تېخى ۋاقتى كەلمىگەندۇ» دەپ چۈشەندۈرۈشىڭىز مۇمكىن. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ھەرقانداق پالچىلىق تەۋراتقا خىلاپ؛ خۇدا ئۆز خەلقى بولغان يەھۇدىيلارغا ھېچقانداق جادۇگەرلىك، پالچىلىق، رەممالىق ياكى تىلتۇمارلارغا يولىغۇچى بولماسلىقلار، دەپ قەتئىي ئاگاھلاندۇرغان. چۈنكى خۇدانىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆلارغا چۈشۈرگەن يازما سۆزلىرى، پەرمانلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ بېشارەتلىك سۆزلىرى كۇپايە بولۇشى كېرەكتۇر.

دانىيال ۋە دوستلىرى دۇئا قىلغاندىن كېيىن، دانىيال ئىككىنچى كېچىسى بەلكىم نېبوقادنەسارنىڭكىگە ئوخشاش چۈشنى كۆردى. بىراق ئۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھيىسى بىلەن بۇ چۈشنىڭ مەنىسىنى تونىدى. چۈش 2-باب 31-35-ئايەتتە، تەبىرى 37-45-ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ. نېبوقادنەسار غايەت زور ئېگىزلىكتىكى بەھەيۋەت بىر ھەيكەلنى كۆردى. ھەيكەلنىڭ بېشى ئالتۇندىن، كۆكرەك ۋە قوللىرى كۈمۈشتىن، بەل ۋە ساغرىلىرى مىستىن، پۇتا-پاچىقى تۆمۈردىن، پۇتى تۆمۈر بىلەن لايىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان. بۇ ھەيكەلنى كۆرگەندىن كېيىن نېبوقادنەسار «ئادەم قولى بىلەن قېزىلمىغان بىر تاش» كېلىپ ھەيكەلنىڭ تۆمۈر بىلەن لايىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان پۇتىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ھەيكەل قىيما-چىيما قىلىۋېتىلىپ، ھەممىسى شامال تەرىپىدىن ئۇچۇرۇلۇپ كەتتى. بىراق ھەيكەلنى ئۇرغان تاش بولسا غايەت زور بىر تاغقا ئايلىنىپ پۈتۈن دۇنيانى قاپلىدى.

چۈشنىڭ تەبىرى 37-45-ئايەتتە ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك ھالدا بېرىلگەن. نېبوقادنەسار ۋە ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسى ئالتۇن باشنىڭ ئۆزى بولۇپ، بۇ ئىمپېرىيە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلىغىچە داۋاملاشتى. شۇ يىلى ئۇ پارس مىللىتىدىن بولغان قورەش تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. ئىككىنچى ئىمپېرىيە ئەمدى «مېدىئالىقلار ۋە پارسلىقلار»نىڭ، يەنى ئىككى مىللەت ئىتتىپاقىنىڭ ئىمپېرىيەسى ئىدى. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئىتتىپاقى بەلكىم ھەيكەلنىڭ ئىككى بىلىكى بىلەن كۆرسىتىلگەن. بۇ ئىمپېرىيە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 334-يىلىغىچە داۋاملىشىپ، شۇ چاغدىكى

«بۈيۈك ئىسكەندەر»نىڭ قول ئاستىدىكى يۇنان (گرېك) ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. خۇددى كۈمۈش ئالتۇنغا يەتمەيدىغاندەك، ئىككىنچى ئىمپېرىيە «بابىل ئىمپېرىيەسىگە يەتمەيدۇ» دېيىلگەن (39-ئايەت). بۇ، بەلكىم ئىمپېرىيەلەرنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىغا قارىتىلغان. بابىلدا بولسا پادىشاھنىڭ مۇتلەق ھوقۇقى بار ئىدى ــ ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى قانۇن دەپ ھېسابلىناتتى. پارس ئىمپېرىيەسىدە بولسا پادىشاھنىڭ ھوقۇقى بۇنىڭدىن تۆۋەن ئىدى. پادىشاھ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پادىشاھلارنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. ھەتتا ئۆزى چۈشۈرگەن پەرمانىنىمۇ كېيىن ئۇنىڭ ئۆزگەرتىش ھوقۇقى يوق ئىدى (مەسىلەن، 6-باب، 12-17-ئايەتنى كۆرۈڭ).

پارس ئىمپېرىيەسى ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن گرېك ئىمپېرىيەسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 63-يىلغىچە داۋاملاشتى. شۇ يىلى ئۇ رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. گرېك ئىمپېرىيەسى خۇددى «مىس كۈمۈشكە يەتمەيدىغاندەك» يەنىلا «پارس ئىمپېرىسىيگە يەتمەيدۇ» دەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ نۇقتا يەنە بەلكىم «ھاكىمىيەت سىستېمىسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىسكەندەر پەقەت قول ئاستىدىكى سەردارلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئۇنىڭ چەكسىز پادىشاھلىقىنى ئىدارە قىلالايتتى. ئۇنىڭ ھەتتا پادىشاھلىقىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە قالدۇرۇش ھوقۇقىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسى ھەربىر بۆلىكى ئىسكەندەرنىڭ بىر سەردارى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان تۆت بۆلەككە بۆلۈندى.

شۇڭلاشقا تۆتىنچى باسقۇچ، يەنى ھەيكەلنىڭ پۇتلىرى، رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن باشلىنىشى كېرەك. بۇ قىسمى بىزگە «تۆمۈردىن ياسالغان» دەپ ئايان قىلىنىدى. تۆمۈر بولسا قىممىتى جەھەتتىن «مىسكە يەتمەيدۇ» لېكىن قاتتىقلىقى ۋە كۈچى جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. رىم ئىمپېرىيەسى دەرۋەقە ئىدارە قىلغان خەلق-مىللەتلىرىگە ناھايىتى رەھىمسىز، ئىلگىرىكى ئىمپېرىيەلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا قاتتىق قولراق ئىدى. ئۇنىڭ «قاتتىق تۈزۈم»ى بىر خىل دىن دېگۇدەك بولۇپ قالغانىدى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، رىم پادىشاھىنىڭ ھوقۇقى ئىلگىرىكى پادىشاھلىقلارنىڭ پادىشاھلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن تۇراتتى. پادىشاھ ئاقسۆڭەكلەردىن تەركىب تاپقان «مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى»نىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئىمپېرىيەسىنى ئىدارە قىلاتتى. رىم پادىشاھلىقى تارىخىنىڭ مەلۇم بىر

قىسمى ئىمپېرىيە ئەمەس، بەلكى «جۇمھۇرىيەت» دەپ ئاتالغانىدى. ئىمپېراتور (پادىشاھ)نىڭ تەختىنى پەرزەنتلىرىگە مىراس قالدۇرۇش (بابىل ياكى پارس پادىشاھلىرىنىڭكىدەك) ھوقۇقى يوق ئىدى. «ئەنئەنىۋى سۇلالە تۈزۈمى» يوق ئىدى.

مىلادىيە 364-يىلى (ۋالېنتىنۇس ئىمپېراتور بولغان ۋاقتىدا) ئىمپېرىيە ئىككى بۆلۈككە، يەنى شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىغا پارچىلىنىپ كەتتى. شۇ چاغدىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر غەرب ۋە شەرقىي دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەيكەلنىڭ «ئىككى پۇتا-پاچىقى»غا ئوخشايدىغان بىر «كۈچ تەكشۈكلۈقى» بولۇپ كەلگەن. 5-ئەسىردىن باشلاپ ئۆزئارا رەقىب بولغان ئىككى «رىم ئىمپېرىيەسى» پەيدا بولغان. شەرقىي ئىمپېرىيە بولسا «كونستانتىنوپىل» (ھازىرقى ئىستامبۇل) شەھىرىنى، غەربىي قىسمى رىم شەھىرىنى مەركەز قىلغان. مىلادىيە 800-يىلى، فرانسىيەنىڭ شارلىماگ ئىسىملىك پادىشاھى ئۆزىنى «مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى» دەپ جاكارلىدى. 862-يىلى گېرمانىيە پادىشاھى ئوتتو فرانسىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ بۇ نامنى ئۆزىگە ئېلىپ ئۆزىنى «مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ (گېرمانىيىنى مەركەز قىلغان) ئىمپېراتورى» دەپ جاكارلىدى. ئۇ يەنە رىم ئىمپېراتورنىڭ مەخسۇس ئۇنۋانى «قەيسەر»نى ئۆزىگە نام قىلىپ قويدى. كېيىنكى 1000 يىللىق تارىختا گېرمانىيەنىڭ پادىشاھلىرى بۇ ئۇنۋان بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن.

ئەمدى شەرقىي قىسمىدا نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ 1453-يىلى تۈركلەر «شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى»گە بېسىپ كىرىپ «كونستانتىنوپىل» شەھىرىنى ئېلىپ، ئىسمىنى ئىستامبۇلغا ئۆزگەرتتى. ئىمپېرىيەنىڭ بەگ-ئەمەلدارلىرى ۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسى رۇسىيەگە قېچىپ بارغان ۋە رۇسىيەنى «رىملاشتۇرغان». شۇ چاغدىن باشلاپ رۇسىيە پادىشاھى «تسار» (ياكى «چار») دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. بۇ بولسا «قەيسەر» دېگەن ئۇنۋاننىڭ يەنە بىر شەكلىدۇر.

شۇڭا بىز ھازىر مۇنداق بىر مۇھىم سوئالغا كېلىمىز. بىز دۇنيانىڭ تارىخىدىكى قايسى باسقۇچتا تۇرىۋاتىمىز؟

جاۋاب شۇكى، بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىز «ھەيكەلنىڭ پۇتى (ئاياغلىرى)»دۇر. نىبوقادنەسار كۆرگەن ھەيكەلنىڭ پۇتلىرى تۆمۈردىن ئەمەس، بەلكى «تۆمۈر بىلەن سېغىز لاينىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان». بۇ نۇقتىنىڭ تەبىرى بولسا: «بۇ ئۇ پادىشاھلىقنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ پۇقرالىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى

بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن تۆمۈر لاي بىلەن ئارىلاشمىغاندەك، بىر بولالمايدۇ» دېگەنلىكتۇر.

بۇ نۇقتا يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، «ھەيكەلنىڭ تېنى تۆۋەنلەپ ماتېرىيالى ناچارلىشىدۇ» دېگەن پرىنسىپقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. «تۆمۈر بىلەن لاينىڭ ئارىلاشمىسى»نىڭ قىممىتى ھەممە ماتېرىيالدىن تۆۋەن بولىدۇ. «ئۇ پادىشاھلىقنىڭ ھۆكۈمدارلىرى پۇقرالىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى بولغانلىقى» دېگەن سۆزلەر يېقىنقى زامانلاردىكى «مۇتلەق ھوقۇقنىڭ ئاجىزلىغانلىقى»دىن ئىبارەت ۋەزىيەت شەكلىنىڭ دەل ئوخشىتىلىشىدۇر. دېموكراتىيە، يەنى «خەلقنىڭ كۈچى» ھازىرقى زاماندا غەربىي دۆلەتلەردە ۋە بۈگۈنكى رۇسىيەدە دېگۈدەك «مۇتلەق ھوقۇقلۇق ھاكىمىيەت»نىڭ ئورنىغا دەسسىدى.

«دېموكراتىيەدە بولسا، خەلق ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ھۆكۈمەتكە ئېرىشىدۇ» دېگەننى ناھايىتى جايىدا دەپ قارايمىز. دېمەك، ئەگەر بىر دېموكراتىك مەملىكەتنىڭ خەلقى ئەخلاقلىق بولسا، ھۆكۈمىتى ئوخشاشلا ئەخلاقلىق بولىدۇ. ئەگەر خەلقى چىرىكلىشىپ كەتكەن بولسا، ھۆكۈمىتىمۇ چىرىكلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ «دېموكراتىيىسى»نىڭ كۈچلۈكلىكى، پەقەت دۆلەت خەلقىنىڭ ئەخلاقىنىڭ كۈچلۈكلىكىگىلا باراۋەردۇر. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋرگە قارىتىلغان بۇ بېشارەتنىڭ: «ئۇ پادىشاھلىقنىڭ بىر قىسمى كۈچىيىپ، بىر قىسمى ئاجىزلايدۇ» دېگەنلىكى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئىتالىيەنى (بۇرۇنقى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزى) مىسالغا ئالساق، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئىككى يىلدا يېڭى بىر ھۆكۈمەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ مۇقىملىق ئەمەس! سەۋەبى بولسا دۆلەتنىڭ خەلقى چىرىكلىشىپ كەتكەن («مافىئا» يەنى «قارا قول جەمئىيىتى» كۈچلۈك تەسىر يەتكۈزگەن)، شۇڭلاشقا ئاجىز ھۆكۈمەت مەيدانغا كەلگەن.

چۈشىنىشىمىز كېرەك بولغان مۇنداق ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتا بار. نېبوقادنەسارنىڭ كۆرگەن چۈشى دۇنيانىڭ پۈتكۈل تارىخىنىڭ، يەنى ئۆز ۋاقتىدىن باشلاپ ئاخىر زاماندىكى دۇنيانىڭ ھۆكۈم قىلىنىشى ۋە خۇدانىڭ سەلتەنىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغىچە ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇڭا مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، بىز ھەيكەلنىڭ «پۇت بارماقلىرى» دېگەن

باسقۇچقا تېخىچە كەلمىدۇق. بۇ بارماقلىرى توغرىسىدا: «ئۇلار ھۆكۈمدارلار تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ئەرشتىكى خۇدا يىمىرىلمەس بىر پادىشاھلىق بەرپا قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. «دانىيال» 7-بابىغا كەلگىنىمىزدە، ئېنىقراق كۆرۈلىدۇكى، دۇنيانىڭ تارىخىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئاۋۋال شالاڭ مۇناسىۋەتلىك ئون پادىشاھلىق ئاستىدا، ئاندىن كېيىن پەقەت بىر ئادەمنىڭ، يەنى «دەججال» (مەسىھنىڭ رەقىبى)نىڭ ئاسارىتى ئاستىدا بولىدۇ (دېمەك، بۇ «ئون بارماق» كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيانى باشقۇرىدىغان ئون ھۆكۈمەتنى كۆرسىتىدۇ). بىراق بىرگە ئايان قىلىنغانكى، بۇ باسقۇچ كەلگەندە، خۇدا ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى بەرپا قىلىدۇ. ئادەمنىڭ مەغرۇرلۇقى زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ ــ چۈنكى «ئادەم قولى بىلەن قېزىلمىغان بىر تاش» پەيدا بولۇپ، بۇ ھەيكەلنى پۈتىدىن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ ئۆزى «غايەت زور، پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان بىر تاغ»قا ئايلىنىدۇ.

ئەمدى «ئادەم قولى بىلەن قېزىلمىغان بىر تاش» زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ شۈبھىسىزكى، ئەسلىدىكى كېلىپ چىقىشى ئىنساندىن ئەمەس، بەلكى يەنى بىۋاسىتە خۇدانىڭ ئۆزىدىن كەلگەن بىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىشىنى بىز «ئىنسانئوغلى»نىڭ سۈپىتىدە «دانىيال»دىكى 7-بابتا تېخىمۇ ئېنىق كۆرىمىز. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى «پۈتۈن دۇنيانى قاپلايدۇ». بۇ كىشى كىم؟

مۇقەددەس كىتابنىڭ باشقا قىسىملىرى بۇ توغرۇلۇق بىزنى گۇماندا قالدۇرمايدۇ. «دانىيال» قىسمىدا ئۇنىڭ ئىسمى بىزگە دەپ بېرىلمىگىنى بىلەن، بۇ رەب ئەيسا مەسىھدىن باشقا ھېچكىشى ئەمەس. ئىنجىلدىكى «يۇھاننا» قىسمىدا، ئۇ «خۇدانىڭ سۆز-كالامى»، يەنى ئىنساندىن كەلمىگەن، خۇدانىڭ ئۆزىدىن چىققان سۈپەتتە بىزگە تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئىنجىلدىكى نۇرغۇن يەرلەردە ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ دۇنيانى سوت قىلىدىغانلىقى ئاندىن جاھانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقى ئايان قىلىنىدۇ.

نىبوقادنەسارنىڭ كۆرگەن چۈشىدە دۇنيانىڭ پۈتكۈل تارىخى، يەنى ئەينى ۋاقىتتىن تاكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغىچە بىراقلا ۋەھيى قىلىنغان. بۇ نۇقتىدىن نىبوقادنەسار كىچىك پېئىللىقنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ناھايىتى ھەيۋىسى بار

پادىشاھ بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ھامان بىر كۈنى تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا پادىشاھلىق باسىدۇ. ئاخىرىدا ھەممە پادىشاھلىق، مەملىكەتلەر زاۋال تاپىدۇ. ھەرقانداق كىشى ئۆز مەملىكىتى ياكى مىللىتىدىن ماختىنىشىنى توختىتىشى كېرەك. بۇ دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلىق-مەملىكەتلەر بولسا ۋاقىتلىق بىر بۇلۇت-تۈتەك، خالاس. يەقەت خۇدانىڭ پادىشاھلىقى «مەڭگۈ بىر پادىشاھلىق»تۇر.

## (4) 5-باب ـ بابىل شەھىرىنىڭ ئۆرۈۋېتىلىشى توغرۇلۇق

بۇ تېما ئۇستىدە «يەرەمىيا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»دە بايان قىلىنغان، «بابىل شەھىرىنىڭ ئۆرۈۋېتىلىشى توغرۇلۇق بېشارەتلەر» توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى بابىلنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى تارىختا ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك ھېكايىلەردىن بىرىدۇر. بابىل شەھىرى نىنەۋە شەھىرىدىن تېخىمۇ «ئۆرۈلمەس» ئىدى. «قوش سېپىل»نىڭ ئايلانمىسى 30 كىلومېتىر، سىرتقى سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 110 مېتىر ۋە قېلىنلىقى 4 مېتىر ئىدى، ئىچكى سېپىلنىڭ قېلىنلىقى 7 مېتىر ئىدى. سىرتقى سېپىل ئۈستىدە يەنە 80 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار-پوتەيلەر جايلاشقانىدى؛ شۇ يەردىن يىراقتا تۇرغان دۈشمەنگە ئوق، ئوت ۋە تاشلارنى ئاتقىلى بولاتتى. ئىچىدىكى مېمارچىلىق ۋە يوغان ئىمارەتلەر شۇ دەۋردە «جاھاندا بىر» دەپ ئاتالغان. يەشايا، ئەزاكىيال ۋە يەرەمىيا پەيغەمبەرلەر بابىلنىڭ ھالاكىتى توغرۇلۇق بەرگەن بېشارەتلەر شۈبھىسىزكى، شۇ دەۋردىكىلەرگە «ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرۈنەتتى.

ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغان ئىش شۇكى، بابىل ئوق ئېتىلماي دېگۈدەك ئىشغال قىلىنغان. دۇنياغا كېلىشىنى يەشايا پەيغەمبەر ئالدىنئالا ئېيتقان، پارس ئىمپېراتورى قورەش قوشۇنىنى يېتەكلەپ شەھەرگە يېقىنلىشىدۇ. كالدىيلەر قوشۇنى يەقەت شەھەر ئىچىگە چېكىنىدۇ. شەھەردە نەچچە يىللىق قورشاۋغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئوزۇق-تۈلۈك ساقلانغان بولۇپ، يوغان ئەفرات دەرياسى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە ئۇزۇلمەس سۇ مەنبەسىمۇ بار ئىدى.

شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنىڭ ئورنىغا، قورەش «ئالدىن يۇرگۈچى قىسىم»نى

شەھەرگە يېقىن ئەۋەتىپ، قوشۇننىڭ كۆپىنچىسىنى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى بويىدا بىرنەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشتۇردى. شۇ يەردە ئۇنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى دادىل بىر پىلاننى تۈزدى؛ ئۇلار دەريا ئېقىنىنىڭ يۆنىلىشىنى دەرياغا يېقىن بىر ئويمانلىقتا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ شەھەردىن ئۆتىدىغان دەريا ئېقىنىنى تۆۋەنلىتىپ ئۆز كۈچلىرىنىڭ دەريانىڭ كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزىدىن، يەنى ئىككى تەرەپتىن شەھەرگە كىرگۈزۈش پۇرسىتىنى ياراتماقچى بولدى. دەريانىڭ سېپىل ئاستىدىن كىرىدىغان ۋە چىقىدىغان ئىككى تەرىپىدە ئىككى چوڭ «ئىككى قاناتلىق» دەرۋازا بېكىتىلگەنىدى؛ لېكىن بۇ دەرۋازىلار دەريانىڭ تېگىگە يەتمەيتتى، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭ بىلەن قورەشنىڭ لەشكەرلىرى دەريا بىلەن ئويمانلىق ئارىلىقىغا چوڭقۇر لېكىن قىسقا بىر ئۆستەڭ چاپتى. ئۆستەڭدىن چېپىلغان تاش-تۇپىلارنى ئەفرات دەرياسىنىڭ ئىككى يېنىغا دۆۋىلەپ، دەريانى توسۇشقا تەييارلىدى. بېكىتكەن كۈنى كەچقۇرۇن ئۇلار ئۆستەڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىنى چېپىپ ئېغىز ئېچىپ، دەريانىڭ سۇلىرىنى ئويمانلىق تەرەپكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دەريانىڭ قېشىغا دۆۋىلەپ قويغان تاش-تۇپىلارنى دەريانىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ چۈشۈرۈپ دەريانىڭ يۆنىلىشىنى توسۇۋالدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆڭلىدە سوققان چوتلىرى توغرا چىقتى؛ دەريا پەسىيىپ، شەھەرگە يېقىن تۇرغان قوشۇن ئۈچۈن دەريادىن مېڭىپ شەھەرگە كىرگۈدەك پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

دەل شۇ كۈنى كەچتە، پادىشاھ ئەمىرلىرى بىلەن چوڭ بىر بايرامنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. قەدىمكى زاماندىكى گرېك تارىخشۇناسلىرى كسېنوفون ۋە ھېرودوتۇسنىڭ بىزگە خەۋەرلەندۈرۈشىچە، بابىللىقلار ئۈچىغا چىققان ھاراقكەشلەر ئىدى («دانىيال» 5-بابتا ئوردىدا يۈز بەرگەن ئىشلار خاتىرىلەنگەنىدەك).

پادىشاھ ئەمىرلىرى، ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن كاتتا زىياپەتتە ئولتۇرۇپ مەست بولغاندا بىر پەرىشتىنىڭ قولى كۆرۈنۈپ، تامغا ھەرپلەرنى يېزىپ پادىشاھقا، بۈگۈن كېچە پادىشاھلىقىڭ سەندىن باشقا بىرسىگە تاپشۇرۇلدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. ئوردىنىڭ سىرتىدىمۇ پۇقرالار بايرامنى تەبرىكلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىختەرلىكىگە بولغان ئىشەنچىسى شۇنچە كامىل ئىدىكى، ھەتتا سېپىلدا كۈزەتچىلىك قىلىدىغان جېسەكچىلەرمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىككى گرېك

تارىخشۇناسلىق دېيىشچە، شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پۇقرالار ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپلا شەھەر ئاساسەن ئىشغال قىلىنىپ بولغان.

## (5) «دانىيال»، 7-باب
## «تۆت زور مەخلۇق»

(يەنە 7-بابنى كۆرۈڭ)

بۇ باپتا دانىيالنىڭ ئۆزىنىڭ بىر چۈشىدىكى غايىبانە ئالامەتلەر بىزگە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ نىبوقادنەسارنىڭ 2-بابتىكى چۈشىگە زىچ مۇناسىۋىتى بار، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭمۇ دۇنيانىڭ پۈتكۈل تارىخىنى ئايان قىلغان بىر بېشارەت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. شۇنداق بولسىمۇ، پادىشاھقا ھەيۋەتلىك بىر ھەيكەل سۈپىتىدە كۆرۈنگەن ئىش، دانىيالغا بىر قاتار ھايۋانلار سۈپىتىدە كۆرۈنگەن. شۈبھىسىزكى، دانىيال بىر پەيغەمبەر سۈپىتىدە بۇ ئىشلارنى كۆرگىنىدە،ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىر قەدەر چوڭقۇر كۆرگەن. دېمەك، بۇ دۇنياغا مەنسۇپ (نىبوقادنەساردەك) بولغان كىشىلەرگە بىر ھەيۋەتلىك ھەيكەلنىڭ كۆرۈنۈشىدە كۆرۈنگەن نەرسىلەر، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە بولسا ياۋۇز ھايۋانلارنىڭ سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. قانچىمىز بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىمىز-ھە! كۆرۈنۈشتە كېلىشكەن، چىرايلىق كىيىم-كېچەكلەرگە ئورۇنغۇالغان بىزدەك نوچىلار، ئەمەلىيەتتە ۋەھشى ھايۋانلارغا ئوخشايمىز. بىز قەھرلىك ئېيىق، تولغىنىپ ماڭغان يىلان، ياكى ھەييار تۈلكىمىز.

بۇ تۆت مەخلۇقنىڭ دېڭىزدىن چىققانلىقى كۆرۈندى. مۇقەددەس كىتابتا، دېڭىز ھامان دۇنيادىكى ئۆزئارا جەڭ بولۇۋاتقان، ئۇرۇشتا قالغان ھەر مىللەتلەرگە سىمۋول قىلىنىدۇ. چۈشتىكى دېڭىز «بۈيۈك دېڭىز»، يەنى «ئوتتۇرا دېڭىز»دۇر. كۆرگەن ھايۋانلار، يەنى تۆت خىل ئىمپېرىيەنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپىدىكى جەڭلەردىن تەختكە چىقتى.

بىرىنچى ئايەتتە، دانىيال بىزگە: «چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى مۇنداق يەكۈنلەپ خاتىرىلىۋالدىم» ــ دەيدۇ. دېمەك، ئۇ بىزگە كۆرگەن بارلىق نەرسىنى دېمىگەندۇر.

## (ئا) بىرىنچى ھايۋان ـ «بۈركۈت قانىتى بار شىر»

«بۈركۈت قانىتى بار شىر» ئەمەلىيەتتە ئەينى ۋاقىتتا بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۆزىگە سىمۋول قىلىنغان. 20-ئەسىردە يەر ئاستىدىن تېپىلغان قەدىمىي بابىل شەھىرىنىڭ چوڭ دەرۋازى ئۈستىدە بىرنەچچە ئەنە شۇنداق «بۈركۈت قانىتى بار شىر» چېكىلگەن نەقىشلىك رەسىملەر بايقالغان. شىر بولسا «ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى»، بۈركۈت بولسا «قۇشلارنىڭ پادىشاھى»، شۇڭلاشقا دانىيالغا چۈشتە ۋەھيي قىلىنغان بۇ تۆت ھايۋان ئارىسىدا بۇ مەخلۇق «ئەڭ شاھانە» ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخا نىبوقادنەسار كۆرگەن ھەيكەلنىڭ «ئالتۇن بېشى»نىڭ تەكىدىشى بولىدۇ. دېمەك، بۇ بىرىنچى مەخلۇق بابىل ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ.

كېيىن بۇ ھايۋانىنىڭ «قاناتلىرى سۇنۇپ، ئۆزى ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ يۆلەپ تۇرغۇزۇلۇپ، ئىككى پۇتى يەرگە دەسسىتىپ قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئادەمنىڭكىدەك قەلب بېرىلدى». بۇ ئىش 3-باباتا خاتىرىلەنگەن نىبوقادنەسارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئېسىمىزگە كەلتۈرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن، بىر پەرىشتە ئۇنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقلىرىنى ھەم ئىنسانىي ئەقلىنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن، ئۇ يەتتە يىل كالا-قويدەك سىرتتا يۈرۈپ ئوت-چۆپ يېگەندى. نەتىجىدە ئۇنىڭ قەلبى كىچىك پېئىل قىلىنىپ ئۇ خۇداغا ئىبادەت قىلىشنى ئۆگەندى. شۈبھىسىزكى، بابىل ئىمپېرىيەسى «ئىنسانلاشتۇرۇلغان» ئىدى. مۇقەددەس كىتابتىن باشقا، تارىخىي خاتىرىنامىلەر مول ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلايدۇكى، نىبوقادنەسارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا بۇرۇنقىدەك باشقا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان «تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلار» يوق ئىدى؛ بۇنىڭ ئورنىدا، ئۇ كۈچ-بايلىقلىرىنى يېڭى قۇرۇلۇشلارغا مەركەزلەشتۈرگەن. دانىيال چۈشتىكى بۇ غايىبانە كۆرۈنۈشنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ قېرى دوستى نىبوقادنەسار ئۆلگىلى توققۇز يىل بولغانىدى. نىبوقادنەسارنىڭ نەۋرىسى بەلشازار تەختتە ئولتۇرۇۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ئۇزۇن بولمايتتى، سەۋەبى بەلكىم ئۆز بوۋىسى قوبۇل قىلغان «ئىنسانىي قەلب»نى ئۇ قوبۇل قىلغان ئەمەس.

## (ئە) ئىككىنچى مەخلۇق ـ «بىر تەرىپى ئىككىنچى بىر تەرىپىدىن ئېگىزلىتىلگەن بىر ئېيىق» (5-ئايەت)

دانىيال بۇ چۈشىدىكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى مەخلۇقنىڭ مەنىسىنى سورىمىدى. سەۋەبى بەلكىم ئۇ بۇ ئىككى مەخلۇقنىڭ نېبوقادنەسار كۆرگەن ھەيكەلنىڭ ئىككىنچى ھەم ئۈچىنچى قىسمىغا ئوخشاشلىقىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئېيىق بولسا باشقا ھايۋانلارنى ئۆزىنىڭ زور ئېغىرلىقى ۋە كۈچى بىلەن مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ يىقىلىشى بىلەن پارس ئىمپېرىيەسى ئۈستۈنلۈككە چىققان. ئۇلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئەۋجىگە چىققان ۋاقتىدا، «كسەركسېس» ئىسىملىك پادىشاھنىڭ باشچىلىقىدا ئۇلار گرېتسىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدا 2 مىليون 500 مىڭ ئەسكەر بار ئىدى. ھەقىقەتەن بۇ بىر «ئېيىقتەك» ئىمپېرىيە ئىدى.

نېمىشقا بۇ ئېيىقنىڭ «بىر تەرىپى ئىككىنچى بىر تەرىپىدىن ئېگىز»؟ پارس ئىمپېرىيەسى ئەمەلىيەتتە ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، بىرىنچى بۆلىكى مېدىئالارنىڭ، ئىككىنچى بۆلىكى پارسلارنىڭ ئىدى. ئاۋۋال مېدىئالار بۆلىكى كۈچلۈك، ئاندىن پارسلار بۆلىكى كۈچلۈك بولدى. شۇڭا دانىيال بۇ ئېيىقنىڭ «بىر تەرىپى ئىككىنچى بىر تەرىپىدىن ئېگىز»لىكىنى كۆردى (مېدىئالار بولسا ھازىر تۈركىيە، ئىران ۋە ئىراقتا ياشاۋاتقان «كۇرد» مىللىتىدۇر).

ئەمدى «ئۈچ قوۋۇرغا»نىڭ مەنىسى نېمە؟ پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ راۋاج تېپىشى ئۇنىڭ ئۈچ چوڭ پادىشاھلىقنى، يەنى لىدىيا، بابىل ۋە مىسىرنى گۇمران قىلىشى بىلەن باشلاندى. بۇ ئۈچ پادىشاھلىق دەل دانىيال كۆرگەن ھېلىقى «ئېيىق چىشلىگەن ئۈچ قوۋۇرغا»دۇر.

لېكىن «بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا: ـ ئورنۇڭدىن تۇر، گۆشنى يېيىشكە يەۋال! ــ دېدى». ئۇ بۇ ئۈچ پادىشاھلىقنى گۇمران قىلغاندىن كېيىن، پارس ئىمپېرىيەسى باشقا نۇرغۇن يۇرتلارغا بېسىپ كىرىپ ئىشغال قىلدى.

## (ب) ئۇچىنچى مەخلۇق - «دۈمبىسىدە قۇشنىڭكىدەك تۆت قانىتى بار يىلپىز» (6-ئايەت)

بۇ مەخلۇقنىڭمۇ تۆت بېشى بار ئىدى، «ئۇنىڭغا ھاكىملىق ھوقۇقى بېرىلدى». شۈبھىسىزكى، بۇ «بۈيۈك ئىسكەندەر» باشقۇرغان گرېتسىيە (يۇنان) ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنلىرى يىلپىزدەك چاقماقتەك سۈرئەت بىلەن ھەر جايلارنى بېسىۋالدى. پەقەت 10 يىل ئىچىدە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 334-323-يىللاردا) ئۇلار گرېتسىيەدىن مىسىرغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ ھىندىستانغىچە، جوڭگونىڭ چېگرالىرىغا سوزۇلغان زېمىننى ئىشغال قىلدى. دەرۋەقە 6-ئايەتتە دېيىلگەن «ئۇنىڭغا ھاكىملىق ھوقۇقى بېرىلدى» دېگىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىشىلەر بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئادەمنىڭ 2300 يىل ئىلگىرىكى تەسىرىدىن بەزىدە ئوغلىغا «ئىسكەندەر» دەپ ئات قويىدۇ.

بۇ مەخلۇقنىڭ تۆت قانىتى، تۆت بېشى بار ئىدى. ئىسكەندەر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۆت سەردارى ئۆزئارا سوقۇشۇپ ئىمپېرىيەنى تۆت بۆلەككە پارچىلىۋەتكەن.

## (پ) تۆتىنچى مەخلۇق - «ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ۋە ئاجايىب كۈچلۈك بىر مەخلۇق» (7-ئايەت)

بۇ مەخلۇقنى ئايرىم بىر غايىبانە ئالامەتتە كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھايۋاننى دانىيال تونۇيدىغان ھېچقانداق ھايۋانغا ئوخشاتقىلى بولمايتتى. ئۇ «ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ۋە ئاجايىب كۈچلۈك» ۋە «ئۇ يوغان تۆمۈر چىشلىرى بىلەن ئوۋنى چايناپ ئېزىپ يۇتۇپ، قالدۇقنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ-چەيلەيتتى. ئۇ ئالدىنقى بارلىق مەخلۇققا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئون مۈڭگۈزى بار ئىدى».

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 63-يىلى رىم ئىمپېرىيەسى گرېتسىيە ئىمپېرىيەسىدىن ئۈستۈنلۈككە چىقىشقا باشلىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ياۋروپادا ۋە ئوتتۇرا شەرق زېمىنلىرىدا ھۆكۈم سۈردى. رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىمپېرىيەلەردىن چوڭ بىر پەرقى بار ئىدى. باشقا ئىمپېرىيەلەر ئىشغال قىلغان يۇرت-زېمىنلارنى شۇ يەرلىك

بەگلەر ۋە ئاقساقاللار ئارقىلىق باشقۇرغانىدى. ئەمما رىملىقلار بولسا ئۆز مىللەت-يۇرتىدىن بولغانلارنى ھەر يەردىكى ھۆكۈمدارلىقتا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ھۆكۈمدارلار يەرلىكنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چۈشەنمىگەچكە، نەتىجىدە ناھايىتى دەھشەتلىك، رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنىدى. رىمنىڭ قانۇنى ھەم جازالىرى دەھشەت رەھىمسىز ئىدى. ئىنسانغا تونۇش بولغان ئەڭ ۋەھشىي ئۆلۈم جازالىرىدىن بىرىنى، يەنى «كرېستكە مىخلاش»نى ئىجاد قىلغانلار دەل رىملىقلار ئىدى.

24-ئايەتتە، مەخلۇقنىڭ ئون مۈڭگۈزى، كەلگۈسىدىكى ئون پادىشاھلىقتا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ مەنىسى ھەيكەل پۇتىنىڭ ئون بارمىقىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر.

ئەمما مۇشۇ يەردە يېڭى بىر خەۋەرنى كۆرىمىز: ــ مۈڭگۈزلەرنىڭ ئارىسىدىن «يەنە بىر كىچىك مۈڭگۈز ئۈسۈپ چىقتى. بۇ كىچىك مۈڭگۈز ئەسلىدە بار بولغان ئۈچ مۈڭگۈزنى يۇلۇۋەتتى. بۇ كىچىك مۈڭگۈزنىڭ ئادەمنىڭكىدەك كۆزى ۋە چوڭ گەپ قىلىدىغان ئاغزى بار ئىدى».

8، 9- ھەم 11-بابتىن بىز بۇ ئادەم توغرۇلۇق كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز. ئۇ بولسا «مەسىھنىڭ رەقىبى»، يەنى ئاخىر زاماندا خۇداغا قارشى چىقىدىغان دەججالدۇر. ئىنجىلدا بولسا ئۇ توغرۇلۇق يەنە بىر خەۋەر بىزگە بېرىلگەنكى، ئۇ ئادەم ئۆزىنى خۇدا دەپ جاكارلاپ پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بىر كىشى تېخى مەيدانغا كەلمىدى، دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق. يەنە كېلىپ بىز دېگەن ئاخىر زاماندىكى «ئون پادىشاھلىق» تېخى پەيدا بولمىدى. لېكىن ئۇلار مەيدانغا كەلگىنىدە، خۇدانىڭ ئۆز بەندىلىرى تەييار بولۇشى كېرەك، چۈنكى بۇ كىشى: ــ

(1) ئاۋۋال «ئۈچ پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ» (24-ئايەت)، ئاندىن: ــ

(2) «ئۇ ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى خۇداغا قارشى كۇپۇرلۇق سۆزلەرنى قىلىدۇ» (25-ئايەت).

(3) «ئۇ خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنى ھالسىزلاندۇرىدۇ» ــ بەلكىم ئىقتىسادىي بېسىم ۋە زىيانكەشلىك بىلەن.

(4) «ئۇ كالېندارنى ۋە ھېيت-ئايەملەرنى ۋە مۇقەددەس قانۇنلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى قەستلەيدۇ» ـ تەۋراتتىن بىلىمىزكى، يەر شارىنىڭ كالېندار-

پەسىللىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خۇدا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن. بەلكىم ئۇ كىشى پەسىللەرنى ھەم ھازىر ئىشلىتىدىغان كالېندارىمىزنى ياكى بەلگىلىگەن ۋاقىت-سائەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇ «ھېيت-ئايەملەرنى ۋە مۇقەددەس قانۇنلارنى»مۇ ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. «ھېيت-ئايەملەر» مۇشۇ يەردە بەلكىم يەھۇدىيلارغا تەۋرات بېكىتكەن مۇقەددەس ھېيتلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

(5) «خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى «ئۈچ يېرىم ۋاقىت» (بىر ۋاقىت، ئىككى ۋاقىت، قوشۇمچە يېرىم ۋاقىت) ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ» (25:7). 1260 كۈن داۋامىدا خۇدانىڭ بەندىلىرى ئۇنىڭ تەرىپىدىن زور زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ.

دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ئاخىرقى پادىشاھلىق «پۈتكۈل دۇنيانى يۇتۇپ، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، كۇكۇم-تالقان قىلىدۇ»، «ئۇ باشقا ھەرقانداق پادىشاھلىقلارغا ئوخشىمايدۇ». ئۇ پۈتۈن دۇنيانى باشقۇرىدىغان بىر ھاكىمىيەت بولىدۇ.

بۇ ئاخىرقى پادىشاھلىق توغرۇلۇق ئالغان خەۋەرىمىزنى يەكۈنلىسەك: —

(1) ئۇ گرېتسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ؛

(2) ئۇ ھەيكەلنىڭ «ئىككى يوتا-پاچىقى»دەك، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛

(3) ئۇ كېيىنكى دەۋرلەردە پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ، يەنى پادىشاھلار ھەم خەلقلەر ئارىسىدىكى دېموكراتىيەدەك بىر خىل «ھوقۇق ئۈلەشتۈرۈلۈش» بىلەن باشقۇرۇلىدۇ؛

(4) بىر «ئون پادىشاھلىق» باسقۇچى كېلىدۇ. بۇ ئاساسەن پۈتۈن دۇنيانى باشقۇرىدۇ؛

(5) بۇ ئون پادىشاھلىقتىن ئۈچىنى «كىچىك مۈڭگۈز» («مەسىھنىڭ رەقىبى»، دەججال) ئاغدۇرىدۇ؛

(6) دەججال پۈتۈن دۇنيانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، بارلىق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا سەجدە قىلمايدىغان خۇدانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە قاتتىق زىيانكەشلىك قىلىدۇ. لېكىن: —

(7) دانىيال ئاخىردا «گويا ئىنسان ئوغلىغا ئوخشاش بىر زاتنىڭ ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىلەن كەلگىنىنى» كۆردى. بۇ زات خۇداغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭدىن ئالەمنى باشقۇرىدىغان پادىشاھلىقنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان قوۋملار ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن دەپ، سەلتەنەت، شۆھرەت ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقى ئۇنىڭغا بېرىلدى» (13-14-ئايەت). «ئۇنىڭ سەلتىنىتى مەڭگۈ سولاشماس سەلتەنەتتۇر، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مەڭگۈ ھالاك قىلىنماس».

بىزدە قىلچە گۇمان يوقكى، بۇ زات ئىنجىل بىزگە تونۇشتۇرغان ئەيسا مەسىھدىن باشقا كىشى ئەمەستۇر. مەسىھ ئەيسا ئۆز ئۆزىنى پات-پات «ئىنسانئوغلى» دەپ ئاتىغان. مەسىلەن، ئىنجىل «لۇقا» 5-باب، 24-ئايەت (24:5)، 5:6، 12:7، 22:9، 26:9، 38:9، 44:9، 56:9، 30:11، 8:12، 22:17-30:17، 8:18، 10:19، 27:21، 36:21، 22:22، 7:24، «يۇھ.» 51:1 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ.

يەنى بىر سىر بار. 22-ئايەتتە، «ئىنسان ئوغلى» دېگەن زات «ۋاقتى كېلىپ، خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى» بىلەن بىرلىكى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئىنجىلدىن ئوبدان چۈشىنەلەيمىز. مەسىھ ئەيسانىڭ «ئۆزىگە خاس بەندىلىرى» بىلەن «بىر روھ» ئىكەنلىكى، شۇنداقلا «ئۆزىگە خاس بولغان بەندىلىرىنىڭ جامائىتى»، «مەسىھنىڭ تېنى» ئىكەنلىكى مۇشۇ يەردە بېشارەت قىلىنىدۇ، كېيىن ئىنجىلدا ئېنىق ئاشكارىلىنىدۇ.

## (6) 8-باب
## قوچقار بىلەن تېكە كۆرۈنۈشى

بۇ غايىبانە ئالامەت بولسا 7-بابتىكىدىن ئىككى يىل كېيىن كۆرسىتىلگەن. ئالامەتنى كۆرگەن يەر «شۇشان قەلئەسى» ئۆز ۋاقتىدا دانىيالغا نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، بابىلدا ئانچە مۇھىم جاي ئەمەس ئىدى. لېكىن ئالامەتتە ۋەھيي قىلىنغان بۇ ئىككى ئىمپېرىيە تەختكە چىققان ۋاقىتلىرىدا، شۇشان قەلئەسى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەركەز بولغان.

دانىيال ئاۋۋال «ئىككى مۈڭگۈزى بار بىر قوچقار»نى كۆردى. ئۇنىڭ ئۆزى بۇنىڭ نېمىنى بىلدۈرگەنلىكىدىن جەزمەن گۇمان قىلمايتتى. پارسلار ئۆزلىرىنىڭ «قوغدىغۇچى ئەرۋاھ»ىنىڭ بىر قوچقارنىڭ شەكلىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. پارس پادىشاھى بولسا بېشىدا قوچقار مۈڭگۈزلۈك تاجنى كىيەتتى.

پارس ئىمپېرىيەسى بولسا ئىككى مىللەتنىڭ ھەمكارلىشىشى ئىدى. قوچقارنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى شۇلارنى بىلدۈرىدۇ. «ئىككى مۈڭگۈزى بار بىر قوچقارنىڭ چوڭ ئۈستەك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئېگىز بولۇپ، بىر مۈڭگۈز يەنە بىرىدىن ئېگىز ئىدى؛ ئېگىزرەك بولغان مۈڭگۈز يەنە بىرسىدىن كېيىنرەك ئۆسۈپ چىققانىدى». بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، مېدىئالىقلار ئاۋۋال كۈچلۈكرەك مىللەت ئىدى. كېيىن پارسلار ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرغان. كېيىنكى ئىمپېرىيەنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى پارس مىللىتىدىن ئىدى.

قوچقار بولسا «مۈڭگۈزلىرى بىلەن غەرب، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلەرگە ئۈسۈۋاتقان ئىدى». پارس ئىمپېرىيەسى بۇ ئۈچ تەرەپكە كېڭەيگەن. ئۇلارنىڭ بارلىق ئۇرۇشلىرى غەلىبىلىك ئىدى. «ھېچقانداق ھايۋان ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى ۋە ھېچكىم ھېچكىمنى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزالمايتتى». لېكىن شەرقىي تەرەپتە ھېچقانداق ئۇرۇشلارنى قىلمىدى. ئۇ «بارغانسېرى ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتىۋاتاتتى».

مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارىسىدا قوچقار تۇيۇقسىز بىر چوڭ ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايدۇ. تۇيۇقسىز غەرب تەرەپتىن بىر «كۆزگە كۆرۈنەرلىك چوڭ بىر مۈڭگۈزلۈك» بىر تېكە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ مۈڭگۈزى دانىيالنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كېيىن دانىيالغا (21-ئايەتتە) بۇ تېكىنىڭ گرېتسىيەنى بىلدۈرگەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى. دانىيالنىڭ دەۋرىدە گرېتسىيە ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى كۆپ «بەگلىك» بولغان ئەھمىيەتسىز ناھايىتى كىچىك بىر دۆلەت ئىدى. دانىيال ئۇنىڭ پارس ئىمپېرىيەسىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىغا قاراپ چوقۇم بەك ھەيران قالغان بولۇشى مۇمكىن.

دانىيال كۆرگەن بۇ ئىشلار غايىبانە ئالامەتتىن 180 يىل كېيىن يۈز بەرگەن. گرانىكۇس دېگەن دەريا بويىدا (بۇ كۆرۈنۈش بىر دەريا بويىدا بېرىلگەن)، 21 ياشلىق يىگىت «بۈيۈك ئىسكەندەر» ئىنتايىن تېز يۈرۈش قىلىدىغان 35 مىڭ كىشىلىك

قوشۇنىنى يېتەكلەپ، زور (بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك) بىر پارس قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ غەلىبىدىن كېيىن ئۇ پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەيۋىسىنى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلدى. ئۇچىنچى باسقۇچ، ئەينى ۋاقىتتىكى پارس ئىمپېرىيەسىنى بازا قىلغان يېڭى ئىمپېرىيە مىسىر، ئېفىئوپىيە، ھىندىستان ھەم ھازىرقى ئۆزبەكىستانغىچە سوزۇلاتتى. لېكىن ئۇ كۆپ ھاراق ئىچكەنلىكتىن 33 يېشىدىلا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن سەردارلىرىدىن تۆت كىشى ئۆزئارا جەڭ قىلدى. نەتىجىدە، تۆت سەردارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا ئىمپېرىيەنىڭ بىر بۆلىكىنى ئىدارە قىلدى.

ئۇلاردىن بىرى «سىلېۇقۇس» سۇرىيە ھەم ھازىرقى تۈركىيەنى ئىدارە قىلدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن خۇداغا قارىتا رەزىل كۇپۇرلۇق سۆزلەيدىغان، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ئۆچ بولغان بىر پادىشاھ چىقتى. ئۇنىڭ ئىسمى «ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس» ئىدى. ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 175-164-يىللار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇدا دەپ جاكارلىدى ۋە خەقلەرنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇنۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ خۇدانىڭ يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا قىلىنىپ تۇرغان قۇربانلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا قۇربانگاھ ئۈستىدە بىر چوشقىنى قۇربانلىق قىلدى. مۇسا ئارقىلىق بېرىلگەن مۇقەددەس قانۇنىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى ساقلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ۋەھىمىسى ئاستىدا بەزى يەھۇدىيلار ئېتىقادىدىن تېنىپ يولدىن ئېزىپ يىقىلدى. شۇڭا بۇ بېشارەت ئۇنىڭ توغرۇلۇق: «بۇ تۆت مۈڭگۈزنىڭ ئىچىدىكى بىرىدىن يەنە بىر مۈڭگۈز ئۆسۈپ چىقتى. ئۇ كىچىك مۈڭگۈز ئۆسۈپ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولدى، جەنۇب، شەرق تەرەپلەرگە ۋە «گۈزەل زېمىن»غا (يەنى پەلەستىنگە) قاراپ تەسىر كۆچىنى كېڭەيتتى. ئۇ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ، ھەتتا ساماۋىي قوشۇندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتتى، ساماۋىي قوشۇندىكىلەردىن ۋە يۇلتۇزلاردىن بىر مۇنچىسىنى يەرگە تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دەسسىدى» (9-10-ئايەت).

11-ئايەت بولسا: ــ «ئۇ تولىمۇ مەغرۇرلىنىپ، ھەتتا ساماۋىي قوشۇننىڭ سەردارى بىلەن تەڭ بولماقچى بولۇپ، ئىبادەتخانىدا سەردارغا ئاتاپ كۆندىلىك قۇربانلىق سۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ھەمدە سەردارنىڭ

ئىبادەتخانىسىدىكى «مۇقەددەس جاي»نى ۋەيران قىلىۋەتتى».

«ساماۋىي قوشۇنىنىڭ سەردارى» دېگەن زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىۋاستە دېيىلمىگەن. بىراق خۇداغا ئاتاپ «كۈندىلىك قۇربانلىق»نىڭ ئۈنىڭغىمۇ ئاتاپ سۇنۇلىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بىزدە يەنە قىلچە گۇمان يوقكى، «ساماۋىي قوشۇنىنىڭ سەردارى» دېگەن زات دەل «خۇدانىڭ سۆز-كالامى» بولغان مەسىھ ئۆزىدۇر.

مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ۋە بۇ زىيانكەشلىكنىڭ «گۇناھ تۈپەيلىدىن» ئىكەنلىكى بىزگە دېيىلىدۇ (12-ئايەت). دېمەك، بەلكىم ئۆز خەلقىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقلىرىدىن خۇدا بۇ يامان ئىشلارغا يول قويىدۇ.

دانىيال ئۆز خەلقى ۋە مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ بۇ زىيانكەشلىكلەر ۋە بۇزۇلۇشلار ئاستىدا قانچە ئۇزۇن تۇرىدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز كېچە-كۈندۈز داۋاملىشىدۇ» (تەخمىنەن 6 يىل 4 ئاي) دەپ جاۋاب بېرىلگەن.

«ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس»نىڭ يەھۇدىيلارنى خارلىغانلىقىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 171-يىلى باشلانغانلىقىنى بىلىمىز، ئەمما ئاشۇ يىلدىكى قايسى كۈندە ئىكەنلىكىنى تويتوغرا بىلمەيمىز. ئەمما بىز قۇربانگاھ ئۈستىگە قويۇلغان، خۇدانى ھاقارەت قىلغان شۇ چوشقىنىڭ مۆمىنلەر تەرىپىدىن ئېلىپ تاشلانغان كۈنىنىڭ خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىنىڭ قايتىدىن پاكلانغان كۈنى ئىكەنلىكىنى، يەنى دەل مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 165-يىلى 25-دېكابىر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ كۈنىنىڭ ئالدىدىكى كۈنلەرنى 2300 كۈن ھېسابلىساق، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 171-يىل 9-سېنتەبىرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ كۈن زىيانكەشلىكلەرنىڭ دەل باشلىنىش كۈنى بولغان بولىدۇ. شۇڭا بۇ قورقۇنچلۇق ۋە يىرگىنچلىك ئىشلارنىڭ ھامان تۈگەيدىغانلىقى ھەمدە تۈگەيدىغان ۋاقتى ئالدىن ئېيتىلغان بۇ ئاجايىب بېشارەت شۇ ئازابلىق كۈنلەردە خۇدانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە نەقەدەر رىغبەت ۋە نەقەدەر تەسەللى بولغان بولۇشى كېرەك!

21-25-ئايەتلەردە، بۇ بېشارەتلەر دانىيالغا چۈشەندۈرۈپ بېرىلدى. بۇلاردىن بەزى تەپسىلاتلارنى بىز يۇقىرىدا مۇزاكىرە قىلدۇق. لېكىن 19-ئايەتتە ئىشلىتىلگەن ئىبارە تولىمۇ ئالاھىدىدۇر: —

«مەن ھازىر ساڭا خۇدانىڭ غەزىپى كەلگەن مەزگىلدە كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەي».

«خۇدانىڭ غەزىپى كەلگەن مەزگىل» بولسا دانىيال ئوبدان بىلگەندەك، خۇدانىڭ غەزىپى يەر يۈزىدىكىلەرگە تۆكۈلىدىغان، ئاخىر زاماندىكى كۈنلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پەرىشتە دانىيالغا يەنە: «... بۇ غايىبانە ئالامەت كۆپ كۈنلەر كېيىنكى كەلگۈسى توغرىسىدىدۇر» دەپ بېرىدۇ.

23-ئايەت: «بۇ پادىشاھلىقلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى» بەلكىم پارس ھەم گرېتسىيەنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان، دانىيال كۆرگەن («يات ئەللەر»دىن بولغان، يەھۇدىيلارنىڭ بولمىغان) «تۆت پادىشاھلىق»نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى (2- ھەم 7-بابتىن كۆرگىنىمىزدەك) بۇ تۆت پادىشاھلىقنىڭ زاۋال تېپىشى بىلەن ئاخىرقى زامانغا كېلىمىز. شۇ چاغدىلا، «ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھى توشىدۇ» (23-ئايەت) دېگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس» دەل ئۆزى كېلىدىغان دەججالنىڭ بىر خىل سايىسى ياكى «ئوبراز-ئۆرنىكى» ئىدى. 23-25-ئايەتتە: — (تولۇق بېرىمىز)

«... تولىمۇ نومۇسسىز، چىگىش مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىر پادىشاھ مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ كۈچى خېلى زور بولىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ كۈچ ئۆزلۈكىدىن چىقمايدۇ؛ ئۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى جەزمەن ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايدۇ. ئۇ كۈچلۈكلەرنى ۋە خۇدانىڭ مۇقەددەس مۆمىن خەلقىنى يوقىتىدۇ. ئۆز ئۇستاتلىقى بىلەن ئۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا ھەرقانداق ھىيلە-مىكىرلىك خېلى روناق تاپىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە تەكەببۇرلىشىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىخەتەر ھېس قىلغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز زەربە قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ھالاك قىلىدۇ؛ ئۇ ھەتتا ئوچۇقتىن ئوچۇق «ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى»گە قارشى چىقىدۇ. لېكىن ئۇ ئاخىردا ئىنسانلارنىڭ قولىسىز ھالاك قىلىنىدۇ».

بۇ ئىشلار پەقەت «ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھى توشقان» (23-ئايەت) ۋاقتىدا يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىبارە نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ مۇقەددەس كىتابنىڭ تولۇق تەلىملىرىگە ئاساسەن بىلىمىزكى، خۇدا ئىنسانغا ئىنتايىن سەۋر-تاقەتلىكتۇر.

ئۇ ھەربىر ئىنساننى تووا قىلىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ كەچۈرۈمگە ئىگە بولۇشتىكى بارلىق پۇرسەتكە ئېرىشىشىنى دەپ تاقەتلىك بىلەن ساقلايدۇ. بىراق دۇنيا تارىخىدا ئادەملەر شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كۆڭلى قاتتىق بولۇپ ئۇلاردا تووا قىلىشقىمۇ ئىمكانىيەت بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى قاتتىقلىشىپ: خۇداغا «مېھىر-شەپقىتىڭنى خالىمايمەن» دەيدۇ. بۇ بولسا «ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھى توشقان» ۋاقتىدۇر، يەنى «خۇدانىڭ غەزىپى كەلگەن مەزگىلدە كېيىنكى ئىشلار»نىڭ ۋاقتى بولىدۇ. شۇ چاغ «ئەمىرنىڭ ئەمرى» (25-ئايەت)، يەنى مەسىھ ئەيسا بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىت بولىدۇ. دەججال ئۇنىڭغا قارشى تۇرسىمۇ، ئۇ «ئىنسانلارنىڭ قولىسىز ھالاك (دېمەك، بىۋاستە خۇدا تەرىپىدىن) قىلىنىدۇ».

## 9-باب (7)
## «يەتمىش ھەسسە يەتتە»

(9-بابنى يەنە كۆرۈڭ)

مۇشۇ يەردە بىز «دانىيال» قىسمىنىڭ ئەڭ جەۋھىرىگە ھەم بەلكىم پۈتۈن مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بېشارەتلىرىدىن بىرىگە كېلىمىز. چۈنكى يەقەت تۆت ئايەت ئىچىدىلا يەھۇدىي خەلقىغە نىسبەتەن ئاخىر زامانلارغىچە دۇنيانىڭ پۈتۈن تارىخى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، خۇدا بۇ دۇنياغا ئەۋەتمەكچى بولغان قۇتقۇزغۇچىسى ھەم كەلگۈسىدە ئالەمنىڭ پادىشاھى بولىدىغان مەسىھنىڭ «مەيدانغا چىقىش» ۋاقتىنى ئالدىن ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىزنى جەزمەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دانىيال تەۋراتتىكى «يەرەمىيا پەيغەمبەر» قىسمىدىن تۆۋەندىكى يەرلەرنى ئوقۇۋاتقاندى: —

«بۇ پۈتۈن يەر-زېمىن (پەلەستىن) خارابىلىشىدۇ ھەم خەقلەرنى قاتتىق چۆچۈتىدۇ ۋە ھەيرانچىلىقتا قالدۇرىدۇ؛ بۇ (پەلەستىن ئەتراپىدىكى) ئەللەر بابىل پادىشاھىغا يەتمىش يىل قۇل بولىدۇ»
(«يەر.» 11:25)

«پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: يەتمىش يىلدىن كېيىن مەن سىلەرنى يوقلاپ، ئەسلىدە سىلەرگە بەرگەن بەرىكەت ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ، سىلەرنى بۇ يۇرتۇڭلارغا قايتۇرىمەن».
(«يەر.» 10:29)

دانىيال مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلى بابىل تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان. ئارىدىن 67 يىل ئۆتۈپ، پارسلىق ئىمپېراتور قورەش بابىل ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ، دارىئۇس ئىسىملىك بىرسىنى بابىلنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ پادىشاھ قىلدى. ئەمدى «يەتمىش يىل»نىڭ توشۇشىغىمۇ ئاز قالدى. يەرەمىيا ھەم يەشايا پەيغەمبەرلەر بېشارەت قىلغاندەك، ئىسرائىللار ئۆز دۆلىتىگە قايتىشى بىلەن، خۇدا ئۆز پادىشاھلىقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەرپا قىلامدۇ-يوق؟ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان يەھۇدىيلارغا خۇدا بەرگەن نۇرغۇنلىغان گۈزەل ۋەدىلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلارمۇ؟ راست، ئالامەتتە كۆرۈنگەن (خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدىن ئىلگىرى بولىدىغان) گرېتسىيەنىڭ پادىشاھلىقى ھەم تۆتىنچى سىرلىق پادىشاھلىق تېخى پەيدا بولمىدى. لېكىن دانىيال پۈتۈن قەلبى بىلەن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا تەشنا ئىدى. ئۇ خۇداغا دۇئا بىلەن ئىزدىنىشكە باشلىدى.

دانىيال بولسا بىر «رېئالىست». دېمەك، ئۇ ئۆز ئۆزىنى ئالدايدىغان كىشىلەردىن ئەمەستۇر. ئۆز خەلقى 70 يىل بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچە ئۆزلىرىنىڭ بابىل ئىمپېرىيەسىگە ئەسىر قىلىنىشىدىكى سەۋەبىنى تونۇپ يەتمىگەنىدى. ئەسلى گۇناھلىرىدىن تېخىچە ئايرىلمىغانلىقىنى دانىيال ئىقرار قىلماي قالمايدۇ. ئەمما خۇدا دېگەن خۇدا، ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار، شۇڭا ئۇ دۇئا قىلىشقا، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىشقا باشلىدى. ئۇ خۇدادىن، ئۇلارنىڭ كۆپ گۇناھلىرىغا قارىماي ئۆزىنىڭ رەھىم-شەپقىتىدىن ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى يىلىندى. ئۇ بەلكىم كۈن بويى دۇئا قىلغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ بىزگە (21-ئايەت) ئۇنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

جەبرائىل — خۇدانىڭ ئۇلۇغ خەۋەرچىسى ئۇنىڭغا ئەۋەتىلدى. ئۇ دانىيال دۇئا قىلىشنى باشلىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغانلىقىنى دەپ بەردى. ئەمما بۇيرۇق بېرىلىش ۋاقتى بىلەن دانىيالغا يېتىش ۋاقتى ئارىلىقىدا بىر مەزگىل

بار ئىدى. جەبرائىلنىڭ يولنى جىن-شەيتاننىڭ توسۇۋېلىشى بىلەن ئۇ كېچىكتىمۇ-قانداق؟ بىز بىلمەيمىز. ئىشقىلىپ دۇئا قىلىش مۇھىم، خۇدانىڭ دۇئايىمىزنى ئاڭلىغانلىقىنى بىلىپ يەتكۈچە دۇئا قىلىۋېرىش ناھايىتى مۇھىم.

جەبرائىل ئەيكەلگەن خەۋەر بەلكىم دانىيال ئەسلىدە ئۈمىد بىلەن كۈتكەن جاۋابنىڭ تەتۈرىسىدۇر. ئۇ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ بالدۇر كۆرۈنۈشىنى، ئاز دېگەندىمۇ بۇ «70 يىل»نىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولۇشىنى خالايتتى. بۇنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا: «خۇدا تەرىپىدىن «يەتمىش ھەسسە «يەتتە ۋاقىت»» سىنىڭ خەلقىڭ بىلەن مۇقەددەس شەھىرىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن» دەپ خەۋەرلەندۈرۈلدى.

ئەمما «يەتمىش ھەسسە يەتتە» دېگەن نېمە («ۋاقىت» دېگەن سۆز ئەسلىدىكى ئىبرانىي تېكىستتە يوق ئىدى)؟ ئەلۋەتتە ۋاقىت بولۇش كېرەك، لېكىن قانچە ۋاقىت؟ ئەسلىدە بۇ باپتا دانىيال يەرەمىيا پەيغەمبەر دېگەن «يەتمىش يىل» توغرۇلۇق ئويلانغانىدى. شۇڭا تەبىئىي ھالدا بۇ «ۋاقىت» يىلنى كۆرسىتىشى كېرەك. ئۇنداقتا دانىيالنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا تەشنا بولغان دۇئاسىغا ئېرىشكەن جاۋاب، «يەتمىش يىل» ئەمەس، بەلكىم «يەتمىش ھەسسە يەتتە» يىل ئىدى. خۇدانىڭ قېرىپ قالغان بۇ مۆمىن بەندىسى (بەلكىم 83-85 ياشتا) ئۇچۇن نېمىدېگەن دەھشەتلىك بىر جاۋاب-ھە! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ «70 ھەسسە يەتتە» تېخى باشلانمىغان ئىدى!

بابىللىقلار ھەم پارسلىقلار ئىشلىتىدىغان «ۋاقىت» ياكى يىل 365/366 كۈنلۈك ئەمەس ئىدى، بەلكى 360 كۈنلۈك ئىدى، يەنى بىر يىل 12 ئاي، بىر ئاي 30 كۈن ئىدى. ئۇلار ھەربىر نەچچە يىلدىن كېيىن بىر 13-ئاي (كەبىسە ئاي)نى قوشۇپ، «قۇياش يىل»ىغا توغرىلايتتى. ئۇلارنىڭ «ۋاقتى» ياكى «يىلى»نىڭ ئۇزۇنى 360 كۈن ئىدى (ئۇخشاش ۋاقىت سىستېمىسىنى «يار.» 11:7، 3:8-4، «دان.» 25:7، 7:12، «ۋەھ.» 2:11-3، 6:12، 14، 5:13تىن كۆرگىلى بولىدۇ)

«خۇدا تەرىپىدىن «يەتمىش ھەسسە «يەتتە ۋاقىت»» سىنىڭ خەلقىڭ بىلەن مۇقەددەس شەھىرىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن».

بۇ جۈملىدە، «بېكىتىلگەن» دېگەن سۆز، ئەسلىدە «كېسىم قىلىنغان» دەپ ئېلىنغان. بۇنى چۈشىنىش ئۇچۇن 2-باب ھەم 7-بابتا دېيىلگەن «يەھۇدىيلاردىن

بولمىغان تۆت ئىمپېرىيە» توغرۇلۇق ئويلىشىمىز كېرەك. شۇ بابلاردىكى بېشارەتلەردە دۇنيانىڭ پۈتۈن تارىخى ئاخىر زامانغىچە «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نىڭ نۆۋىتىسىدىن دەپ بېرىلگەندى. بۇ پۈتۈن مەزگىل ئىنجىلدا «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى» دەپ ئاتىلىدۇ («لۇقا» 24:21 ۋە «لۇقا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ). ئەمدى بۇ ۋاقىتلاردىن «يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى» ئۈچۈن مەلۇم بىر مەزگىل، يەنى «يەتمىش ھەسسە يەتتە ۋاقىت»نى خۇدا «كېسىم قىلغان». بۇ مەزگىل ئىچىدە ئالتە ئىش ئەمەلگە كەلتۈرۈلىدۇ: — (24-ئايەت)

(1) «ئىتائەتسىزلىكلەرنى تىزگىنلەش»
(2) «گۇناھلارنى تۈگىتىش» (ئىسكەنجىگە ئېلىش، ئەسىر قىلىش)
(3) «قەبىھلىك ئۈچۈن كافارەت كەلتۈرۈش (كەچۈرۈم قۇربانلىق قىلىش)»
(4) «مەڭگۈلۈك ھەققانىيلىقنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش» — ھەققانىيلىقتا تولغان يېڭى بىر دەۋر مەيدانغا كېلىش.
(5) «بۇ غايىبانە ئالامەت بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»
(6) «مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى «ئەڭ مۇقەددەس جاي» يېگىباشتىن مەسىھلىنىش (مۇقەددەس قىلىنىش)».

تېكىستنىڭ ئىزاھاتىدا دېيىلگەندەك، «مۇقەددەس قىلىنىش»، مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن مۇقەددەس قانۇنغا ئاساسەن، «پۇراقلىق مۇقەددەس ماي» سۈرۈلۈش بىلەن قىلىنىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆز ئەسلىدە ««مەسىھ» قىلىنىش» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ «مۇقەددەس ئىبادەتخانا» دانىيالنىڭ ۋاقتىدا مەۋجۇت بولمىغان بىر ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يېرۇسالېمدا سېلىنىدىغان، ئەزاكىيال پەيغەمبەر بېشارەت قىلغان ھەم شۇنداقلا دانىيالنىڭ خەۋىرى بار بولغان، بۇگۈنگە قەدەر تېخى قۇرۇلمىغان بىر ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ.

«شۇنى بىلىشىڭ ۋە چۈشىنىشىڭ كېرەككى، يېرۇسالېمنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بىنا قىلىش بۇيرۇقى جاكارلانغاندىن تارتىپ، مەسىھ دېگەن ئەمىر مەيدانغا چىققۇچە يەتتە ھەسسە «يەتتە

ۋاقىت» قوشۇلغان ئاتمىش ئىككى ھەسسە «يەتتە ۋاقىت» ئۆتىدۇ. يېرۇسالېم شەھىرى يېڭىباشتىن بىنا قىلىنىپ، مەيدان-كوچىلار ۋە سېپىل-ئىستىھكام بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ، ئەمما بۇ بىسەرەمجان كۈنلەردە بولىدۇ» (25-ئايەت).

پارس ئىمپېراتورلىرى يېرۇسالېم توغرىسىدا جەمئىي بولۇپ تۆت يارلىق چىقاردى. ئۇلار: —

(1) قورەشنىڭ يارلىقى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى، «مۇقەددەس ئىبادەتخانا» قايتىدىن قۇرۇلۇش ئۈچۈن (تەۋرات، «ئەزرا» 1-باب، 1-4-ئايەت، «2تار.» 26:22-23نى كۆرۈڭ.

(2) قورەشنىڭ يارلىقىنىڭ تەكرارلىنىشى، «ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرۇش» ئۈچۈن — (تەۋرات، «ئەزرا» 6-باب، 1-12-ئايەتنى كۆرۈڭ).

(3) ھەزرىتى ئەزراغا چىقىرىلغان يارلىق — بۇ مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا بېرىلىدىغان تەمىناتلار، جۈملىدىن قۇربانلىق كالا-قوي، قۇربانلىق قىلغۇچى «كاھىن»لارغا بېرىلىدىغان دارامەت، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ پەلەستىنگە قايتىشىغا يول قويۇشنى بېكىتكەن يارلىق ئىدى (تەۋرات، «ئەزرا» 7-باب، 11-26-ئايەتنى كۆرۈڭ).

(4) «نەھ.» 2:7- ۋە 8-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن پارس پادىشاھى «ئاتاركسەركسىس»نىڭ ھەزرىتى نەھەمىياغا بەرگەن يارلىقى. «يېرۇسالېم شەھىرىنى قايتىدىن قۇرۇش»نى ئىنچىكە ئالغان يارلىق پەقەت مۇشۇ بىرلا يارلىقتۇر. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزى بۇ يارلىق جەبرائىل بىشارەت قىلغان يارلىق ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى تەپسىلاتلىرىدىن كۆرەلەيدۇ: -

«مەن (نەھەمىيا) پادىشاھقا: —

«ئەگەر پادىشاھىمىنىڭ كۆڭلىگە مۇۋاپىق كۆرۈنسە، قۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بولسا، مېنى يەھۇدىيەگە ئەۋەتكەن بولسىلا، ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ قەبرىلىرى جايلاشقان شەھەرگە بېرىپ، ئۇنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقسام» — دېدىم.

پادىشاھ (شۇ چاغدا خانىش پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى) مەندىن: «سەپىرىڭگە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ قاچان قايتىپ كېلىسەن؟» — دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مېنى ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق

كۆردى؛ مەنمۇ ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىدىغان بىر ۋاقىتنى بېكىتتىم.
مەن يەنە پادىشاھتىن: «ئالىيلىرىغا مۇۋاپىق كۆرۈنسە، ماڭا دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ۋالىيلارغا مېنى تاكى يەھۇدىيەگە بارغۇچە ئۆتكىلى قويۇش توغرۇلۇق يارلىق خەتلىرىنى پۈتۈپ بەرگەن بولسىلا؛ ۋە يەنە پادىشاھلىق ئورمانلىقىغا ئاسافقا مۇقەددەس ئۆيگە تەۋە بولغان قەلئەنىڭ دەرۋازىلىرى، شۇنىڭدەك شەھەرنىڭ سېپىلى ۋە ئۆزۈم تۇرىدىغان ئۆيگە كېتىدىغان لىملارنى ياساشقا كېرەكلىك ياغاچلارنى ماڭا بېرىش توغرۇلۇقمۇ بىر يارلىقنى پۈتۈپ بەرگەن بولسىلا» — دېدىم. خۇدايىمنىڭ شەپقەتلىك قولى ئۈستۈمدە بولغاچقا، پادىشاھ ئىلتىپات قىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بەردى».

(«نەھ.» 2:5-8)

بۇ يارلىق بولسا «ئارتاكسەركسىسنىڭ 20-يىلى، «نىسان» ئايدا» چۈشۈرۈلدى. «نىسان» ئاي، ئادەتتە 3-ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ. پادىشاھ ئارتاكسەركسىس مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 464-يىلى 2-ئايدا تەختكە چىققان. شۇڭا ئۇنىڭ «20-يىلى، «نىسان» ئاي» (ئۇنىڭ بىرىنچى «تولۇق يىل»ىنى 1-يىلى دەپ ھېسابلىغاندا) مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 444-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى باشلانغان. بۇ كۈن بولسا بېشارەتنى «ھېسابلاشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى»دۇر.

خۇدا بېكىتكەن ۋاقىت نىمىشقا «يەتتە ھەسسە «يەتتە ۋاقىت» قوشۇلغان ئاتمىش ئىككى ھەسسە «يەتتە ۋاقىت»» (ئەك ئاخىرقى «يەتتە» كېيىن تىلغا ئېلىنغان) دەپ بۆلۈنگەن؟ بىرىنچى مەزگىل، يەنە «يەتتە ھەسسە يەتتە» نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ مەزگىل، يەنى 360x7x7 = 17640 كۈن، («قۇياش يىلى بويىچە تەخمىنەن 48 يىل) يېرۇسالېم يېڭىباشتىن قۇرۇلىدىغان، چوڭ ئاۋارىچىلىك بولىدىغان مەزگىل بولىدۇ. بېشارەتتە دېيىلگىنىدەك: «يېرۇسالېم شەھىرى يېڭىباشتىن بىنا قىلىنىپ، مەيدان-كوچىلار ۋە سېپىل-ئىستىھكام بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ، ئەمما بۇ بىسەرەمجان كۈنلەردە بولىدۇ» (نەھەمىياغا بەرگەن يارلىقتا، «شەھەرنىڭ سېپىلى» ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن). باشقا بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ «7 يەتتە» مەزگىل، تەۋراتتىكى ئەك ئاخىرقى «مالاكى

پەيغەمبەر» دېگەن قىسمى بىلەن تۈگەيدۇ. ئەمما بىكىتكەن «(62+7) يەتتە ۋاقىت» مەزگىلى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ.

ئەگەر دېگىنىمىزدەك «بىر ۋاقىت» 360 كۈن بولسا، «(62+7) يەتتە ۋاقىت» 173880 = 360x69x7 كۈن بولىدۇ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 444-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن باشلىساق، بۇ مەزگىل بىزنى مىلادىيەدىن كېيىنكى 33-يىل 3-ئاينىڭ 29-كۈنىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ كۈندە نېمە ئىش يۈز بەردى؟ تۆۋەندە جاۋاب بېرىمىز.

بىز ئاۋۋال ئىنجىل «لۇقا» 3-باب، 1-3-ئايەتنى كۆرسەك: «رىم ئىمپېراتورى تىبېرىيۇس قەيسەرنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون بەشىنچى يىلى... خۇدانىڭ سۆز-كالامى چۆلدە ياشاۋاتقان زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھيا پەيغەمبەرگە كەلدى».

«رىم پادىشاھى تىبېرىيۇسنىڭ... 15-يىلى» شۈبھىسىزكى، مىلادىيەدىن كېيىنكى 28-يىلى 8-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 29-يىلى 8-ئاينىڭ 19-كۈنىگىچە بولىدۇ. ھەربىر تارىخشۇناس بۇ نۇقتىغا قوشۇلىدۇ. شۇڭا «يەھيا پەيغەمبەر»، يەنى «يەھيا چۆمۈلدۈرگۈچى» بۇ مەزگىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەسىھ ئەيسانى تونۇشتۇرىدىغان ئالاھىدە خىزمىتىنى باشلىدى. ئىنجىلنىڭ بىرنەچچە يېرىدىن بىلىمىزكى، مەسىھ ئەيسانىڭ ئوچۇق-ئاشكارا خىزمىتى ئۈچ يېرىم يىل ئىدى ھەم بۇ مەزگىل ئۇنىڭ يەھيا تەرىپىدىن چۆمۈلدۈرۈلۈشى بىلەن باشلاندى.

مەسىھنىڭ «خىزمەت مەزگىلى»نى قانداق ئۈچ يېرىم يىل دەپ بىلىمىز؟ — ئۇنىڭ خىزمەت مەزگىلىدە تۆت قېتىم «پاسخا ھېيت»ى (ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى) ئۆتكۈزۈلدى (ئىنجىل «يۇھاننا»، 12:2، 45:4، 4:6 ھەم 1:12). بۇ ھېيت ھەر يىلى 3- ياكى 4-ئايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ تۆت ھېيتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسىدا، مەسىھ ئەيسا كرېستكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. مەسىھ ئەيسا يەھيا پەيغەمبەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى، يەھيا پەيغەمبەر چۆلدە مەلۇم ۋاقىتنى تەلىم بېرىش بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ ھەم باشقا بىرنەچچە سەۋەبتىن، مەسىھ ئەيسانىڭ يەھيا تەرىپىدىن چۆمۈلدۈرۈلۈشى، شۇنداقلا قىلىدىغان خىزمىتى ئۈچۈن مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى قوبۇل قىلىشى، مىلادىيەدىن كېيىنكى 29-يىلى كۈز پەسلىدە بولغاندى، دەپ قارايمىز.

بۇنىڭغا ئۈچ يېرىم يىل قوشۇلسا مىلادىيەدىن كېيىنكى 33-يىلدىكى «پاسخا ھېيت»غا توغرا كېلىدۇ. ئەمدى مىلادىيەدىن كېيىنكى 33-يىلى 3-ئاينىڭ 29-كۈنى زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟

شۇ كۈنى تۆۋەندىكى ۋەقە يۈز بەردى:

(«يۇھ.» 12:12-15)

«ئەتىسى، «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» (پاسخا ھېيت)نى ئۆتكۈزۈشكە كەلگەن زور بىر توپ خالايىق ئەيسانىڭ يېرۇسالېمغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قوللىرىغا خورما شاخلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا ئۇنى قارشى ئالغىلى چىقىشتى ۋە: «شۈكۈر-ھوساننا! پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچى، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى مۇبارەك بولغاي!» دەپ ۋارقىراشتى. ئەيسا بىر تەخەينى تېپىپ، ئۇنىڭغا مىندى؛ خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق پۈتۈلگەندەك: —

«قورقما، ئى زىئون قىزى! مانا، پادىشاھىڭ ئېشەك تەخەيگە مىنىپ كېلىۋاتىدۇ!»

يەنە ئىنجىل، «لۇقا»، 19-باب، 28-44-ئايەتنى كۆرۈڭ. تۆۋەندە بىز بۇ ئاخىرقى ئايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرىمىز: -

«ئەمدى ئەيسا زەيتۇن تېغىدىن چۈشۈش يولىغا يېقىنلاشقىنىدا، پۈتكۈل مۇخلىسلار جامائىتى شادلىنىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قۇدرەتلىك مۆجىزىلەر ئۈچۈن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ: «پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگەن پادىشاھ مۇبارەكتۇر! ئاسمانلاردا تىنچ-ئامانلىق تىكلەنگەي، ئەرشئەلادا شان-شەرەپ ئايان بولغاي!» دەپ تولۇلشىپ خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىدى.

لېكىن توپنىڭ ئىچىدە بەزى پەرىسىيلەر ئۇنىڭغا: ئەي ئۇستاز، مۇخلىسلىرىڭغا مۇشۇ گەپلىرى ئۈچۈن تەنبىھ بەر! — دېيىشتى...

— بىراق ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن: سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، بۇلار جىم تۇرغان بولسا، ھەتتا بۇ تاشلارمۇ چۇقان سېلىشقان بولاتتى، - دېدى.

ئەمدى ئۇ شەھەرگە يېقىنلىشىپ ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن

يىغلاپ مۇنداق دېدى: ــ
ئى يېرۇسالېم! سەن بۈگۈن شۇ كۈنۈڭدە، تىنچ-ئامانلىقىڭنى ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى بىلسەڭ ئىدى! كاشكى، بۇ ئىشلار ھازىر كۆزلىرىڭدىن يوشۇرۇندۇر. چۈنكى شۇنداق كۈنلەر بېشىڭغا كېلىدۇكى، دۈشمەنلىرىڭ ئەتراپىڭنى قاشا-ئىستىھكام بىلەن قورشاپ، سېنى قاماپ تۆت تەرەپتىن قىستايدۇ. ئۇلار سېنى ۋە سېپىلىڭنىڭ ئىچىدىكى بالىلىرىڭنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىپ، ھەتتا تاشنى تاشنىڭ ئۈستىدىمۇ قالدۇرمايدۇ؛ چۈنكى خۇدانىڭ سېنى يوقلىغان پەيتىنى بىلىپ يەتمىدىڭ».

شۇڭا دەل بۇ كۈنى، يەنى نەھەمىيانىڭ دۇئا قىلىشى بىلەن ئارتاكسەركسىس پەرمانىنى چۈشۈرگەن دەل 173 مىڭ 880 كۈندىن كېيىنكى كۈندە، ئەيسا ئىسرائىلغا ئۆلارنىڭ ۋە شۇنداقلا دۇنيانىڭ «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ»ى ھەم ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلاندى. بۇ بولسا جەبرائىل دانىيال پەيغەمبەرگە بەرگەن بېشارەتتىكى خەۋەر ئىدى: «شۇنى بىلىشىڭ ۋە چۈشىنىشىڭ كېرەككى، يېرۇسالېمنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بىنا قىلىش بۇيرۇقى جاكارلانغاندىن تارتىپ، مەسىھ دېگەن ئەمىر مەيدانغا چىققۇچە يەتتە ھەسسە «يەتتە ۋاقىت» قوشۇلغان ئاتمىش ئىككى ھەسسە «يەتتە ۋاقىت» ئۆتىدۇ».
شۇ كۈنى مەسىھ ئەيسا «تەخەيگە مىنىپ» يېرۇسالېمغا كىرىپ يەنە بىر بېشارەتنى، يەنى دەل زەكەرىيا پەيغەمبەر بەرگەن بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇڭا مەسىھ ئەيسانىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ھېچكىمنىڭ كاللىسىدا گۇمان بولمىسا كېرەك. ئۇ بولسا خۇدا بۇ دۇنياغا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ. ئۇنىڭسىز گۇناھلارنىڭ ھېچقانداق كەچۈرۈم قىلىنىشى يوق. يەھۇدىيلار شۇ كۈنى ئۇنى تولۇق قوبۇل قىلغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى-ھە! لېكىن ئۇلار قوبۇل قىلمىدى. مەسىھ ئەيسانىڭ ئۇلارغا دېگەنلىرىگە يەنە دىققەت قىلىڭ: ــ
«سەن بۈگۈن شۇ كۈنۈڭدە، تىنچ-ئامانلىقىڭنى ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى بىلسەڭ ئىدى! كاشكى، بۇ ئىشلار ھازىر كۆزلىرىڭدىن يوشۇرۇندۇر!». غايەت زور بىر توپ ئادەملەر ئۇنى قارشى ئالغىنى بىلەن،

«پەرسىيلەر» دېگەن دىنىي مەزھەپدىكىلەر ھەم ئەمرلەر ئاخىردا ئۇنى چەتكە قاقتى. كىشىلەر بۇگۈنمۇ ئۇنى چەتكە قاقماقتا ــ نېمىدېگەن پاجىئەلىك، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق ئامان-خاتىرجەملىك بېرەلەيدىغانلىقىنى زادى بىلمەيدۇ. ئۇ يېرۇسالېم ئۈچۈن يىغلىغاندەك، بۇ كىشىلەر ئۈچۈنمۇ يىغلىغان بولاتتى. قەدىرلىك ئوقۇرمەن دوستۇم، ئۇ سىز ئۈچۈن يىغلىمىسۇن!

كېيىن يەنە نېمە ئىشلار كېلىدۇ؟ بېشارەت داۋاملىشىدۇ: —

(26-ئايەت) «بۇ ئاتمىش ئىككى «يەتتە ۋاقىت» مەزگىلى ئۆتكەندىن كېيىن مەسىھ ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ (ئۆلتۈرۈلىدۇ)، ئۇنىڭدا ھېچنەرسە قالمايدۇ».

قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئۆلتۈرۈلىدۇ! بۇ تولىمۇ پاجىئەلىك ئىشتەك كۆرۈنەمدۇ؟! خۇدا قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە ئەۋەتكەن كىشى ئۆلتۈرۈلدى! بىراق يىغلىما، قەدىرلىك كىتابخان، بۇ ۋەقەنىڭ ئۆزى ھەممىگە قادىر خۇدا تەرىپىدىن پىلانلانغانىدى. مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلىنىشى، تاسادىپىيلىقتىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۇلۇغ پىلانىدىندۇر! دەل بۇ دەھشەتلىك ئىش ئارقىلىق مەسىھ ئەيسا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولۇپ چىقتى. چۈنكى ئۇ گۇناھسىز بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ سىزگە ۋە ماڭا گۇناھ تۈپەيلىدىن تېگىشلىك بولغان جازانى، ھەربىر ئېتىقاد قىلغان كىشىگە نىجات، مەڭگۈلۈك ھايات بولسۇن دەپ، ئۇ ئۆزى قوبۇل قىلغان. دانىيالغا بېرىلگەن بېشارەتتە دېيىلگەندەك، سىز ۋە مەن ئۈچۈن «مەڭگۈلۈك ھەققانىيلىق ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلغان» بولىدۇ ــ مەسىھنىڭ ئۆلۈمى بارلىققا كەلتۈرگەن «مەڭگۈلۈك ھەققانىيلىق»قا ئېرىشەلەيمىز. بۇ ھەقىقەتەن خۇش خەۋەردۇر!

بېشارەتنىڭ مۇشۇ يېرىدە، «70 ھەسسە يەتتە ۋاقىت»نىڭ ئىچىدىكى «69 (تەكىستتە 7+62) ھەسسە يەتتە ۋاقىت» بىلەن «ئاخىرقى يەتتە ۋاقىت»نىڭ ئارىلىقىدىكى بىر مەزگىل ۋاقىت كۆرسىتىلىدۇ. مەسىھ ئەيسا شۇ «62 «يەتتە»»دىن 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كرېستكە مىخلاندى (بەزى ئالىملار بۇ مەزگىللەرنىڭ باشلىنىشىنى سەل ئالدىغا سۈرۈپ ھېسابلىغىنى بىلەن، بەربىر «62 «يەتتە»»دىن

كېيىن مەسىھ «ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»). ھازىر بېشارەتتىكى يەنە بىرنەچچە ۋەقەنىڭ ۋاقتى مەسىھنىڭ ئۆلۈمىگە ئەگىشىدۇ، ھەم ئاخىرقى «يەتتە ۋاقىت» كېلىدۇ: —

(يەنە 26-ئايەت) «كەلگۈسىدە بولىدىغان ئەمىرنىڭ خەلقى بۇ شەھەر بىلەن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى گۇمران قىلىدۇ».

مەسىھ ئەيسا «لۇقا» قىسمىدا، 19-باب 43-44-ئايەتتە ئاگاھلاندۇرغاندەك، رىملىقلار كېلىپ يېرۇسالېم شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلدى. بۇ مىلادىيەدىن كېيىنكى 66-يىلى ئىدى. بۇ مۇھاسىرە ئۈچ يېرىم يىل داۋاملىشىپ، ئىنتايىن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ھەم ۋەيرانچىلىق بىلەن ئاياغلاشتى. مەسىھ ئەيسا «لۇقا» 21-باب، 6-ئايەتتە دېگەندەك، ئىبادەتخانىدا «شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ھەتتا بىر تال تاشمۇ تاش ئۈستىدە قالدۇرۇلماي، ھەممىسى گۇمران قىلىنىدۇ».

دانىيالغا بېرىلگەن بېشارەتتىكى «ئەمىرنىڭ خەلقى بۇ شەھەر بىلەن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى گۇمران قىلىدۇ» دېگەن سۆزىگە يەنە دىققەت قىلىڭ. گۇمران قىلىدىغان «كېلىدىغان ئەمىر» ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خەلقى. لېكىن ئۇلار دەرۋەقە ئوخشاش مىللەتتىن، يەنى رىملىقلاردىندۇر. مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلى، رىملىقلار يېرۇسالېمغا بېسىپ كىرىشى بىلەن، سەردار تىتۇس مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا (چىرايلىقلىقى ئۈچۈن) ھەم باشقا بەزى چىرايلىق ئىمارەتلەرگە تەگمەڭلار دېگەن قاتتىق بۇيرۇقنى ئەسكەرلىرىگە چۈشۈرگەندى. بىراق ئەسكەرلەرنىڭ قەھرى شۇنچە قايناپ كەتكەنكى، ئۇ ئۇلارنى تىزگىنلىيەلمىدى. ئۇلار يالقۇنلۇق مەشئەللەرنى ئىبادەتخانىغا ئاتتى، نەتىجىدە ئىبادەتخانا يەرگە تەڭ دەرىجىدە كۆيۈپ كەتتى. تاملىرىغا قاپلىغان ئالتۇن ئېرىپ تامنىڭ تاش ئاراچىلىرىغا ئېقىپ كىرىپ كەتتى. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن ئەسكەرلەر خارابىقا كىرىپ ئالتۇنغا قول سېلىش ئۈچۈن ئىبادەتخانىدىكى «بىر تال تاشمۇ تاش ئۈستىدە قالدۇرۇلماي» ھەربىر تاشنى ئۆرۈۋەتتى. مەسىھ ئەيسانىڭ سۆزلىرى، جەبرائىلنىڭ دانىيالغا دېگەنلىرىمۇ سۆزمۇسۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

«69 يەتتە» ۋاقىت ھەم ئاخىرقى «بىر يەتتە» ۋاقىتتا ئېنىق بىر ئارىلىق بار. چۈنكى ئاۋۋال «يېرۇسالېم يېڭىباشتىن قۇرۇلىدۇ» ئاندىن گۇمران قىلىنىدۇ. ئاندىن يەنە بىر قېتىم قۇرۇلىدۇ، چۈنكى ئاخىرقى «يەتتە»دە يېرۇسالېم، شۇنداقلا ئىبادەتخانا يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇ.

«كەلگۈسىدە بولىدىغان ئەمىر» – مەسىھ ئەمەس، بەلكى بىر رىملىق ياكى 2- ۋە 7-بابتا دېيىلگەن «تۆتىنچى پادىشاھلىق»قا تەۋە بولغان بىر كىشىدۇر. ئۇ بولسا 7-باب 8-، 25-ئايەتتە دېيىلگەن كىشى ھەم 8-باب، 23-25-ئايەتتىكى كىشىدۇر.

«بۇ ئاقىۋەت كەلكۈندەك بېسىپ كېلىدۇ».

مۇقەددەس كىتابتا، «كەلكۈن» ئىزچىل ھالدا قوشۇنلارنىڭ بېسىپ كىرىشىگە سىمۋول قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يېرۇسالېمنىڭ مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلدىكى گۇمران قىلىنىشىدىن كېيىن يەنە بىر گۇمران قىلىنىشى بولىدۇ. يېرۇسالېم قايتىدىن قۇرۇلۇپ، بۇگۈنگە قەدەر بۇ ئاقىۋەتكە تەييار تۇرىدۇ.

«ئاخىرىغىچە جەڭلەر داۋاملىشىدۇ»

خۇدانىڭ بۇ دۇنياغا جازالىرنى تۆكۈش كۈنىگىچە پەلەستىندە ئۇرۇش-جەڭلەر داۋاملىشىپ كېلىدۇ. يېرۇسالېم دۇنيادىكى بارلىق شەھەر ئارىسىدا «ئەڭ كۆپ قېتىم مۇھاسىرە قىلىنغان» شەھەردۇر. مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە 30 قېتىمدىن كۆپرەك مۇھاسىرىگە ئېلىنغان!

«ئۇ يەردە بولىدىغان ۋەيرانچىلىقلار بېكىتىلگەندۇر» – بۇ جەڭلەر تۈپەيلىدىن پەلەستىن ئۇزۇن ۋاقىتلار ئىچىدە «ۋەيرانچىلىق»تا، يەنى خارابىلىقتا، مېۋىسىز ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن. يەھۇدىيلار ئىسرائىلغا 1948-يىلى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق بولدى. بىراق ئاز دېگەندىمۇ ئۇنىڭغا يەنە بىر ئەڭ ئاخىرقى «ۋەيرانچىلىق» قالىدۇ.

## ئەڭ ئاخىرقى «بىر يەتتە»

(27-ئايەت) «ئۇ ئەمىر خۇدانىڭ خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ئاخىرقى بىر «يەتتە ۋاقىت»تا بىر دوستلۇق ئەھدىنامىنى تەستىقلايدۇ»

«كەلگۈسىدە كېلىدىغان ئەمىر»، يەنى دەججال يەھۇدىي خەلقى بىلەن بىر ئەھدىنامە تۈزىدۇ ياكى ئالللىقاچان تۈزۈلگەن تەستىقلايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ يەھۇدىيلارغا ئۆزگە بويسۇنۇش شەرتى بىلەن تىنچ-ئامانلىقنى ۋەدە قىلىدۇ. خەلقنىڭ «كۆپ قىسمى» ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىنامە تۈزىدۇ. دېمەك، «ئاز بىر قىسمى» ئۇنىڭ

ھىيلە-مىكىرلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، رەت قىلىدۇ. بۇ ئەھدىنامىنىڭ مۆھلىتى «يەتتە ۋاقىت»، يەنى يەتتە يىل (2520 كۈن) بولىدۇ. بەلكىم دەججال يەھۇدىيلارغا يېڭى ئىبادەتخانا بىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلدىن بېرى، يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئىبادەتخانىسى يوق ئىدى. بۇ 27-ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا بولۇشى كېرەك.

«لېكىن بۇ «يەتتە ۋاقىت»نىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇ ئىبادەتخانىدىكى قۇربانلىق ۋە ئاشلىق ھەدىيەلەرنى سۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ».

ئۈچ يېرىم يىلدىن كېيىن، دەججالنىڭ ئەپتبەشىرىسى ئاشكارلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئورنىغا قويۇشنى كۆزلەيدۇ. يەھۇدىيلار تۆتىنچى قېتىم ئۇلارنىڭ «قۇربانلىق تۈزۈمى»دىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. بۇ «ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس» مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 168-يىلى قىلغاندەك بولىدۇ. بۇ پاكىت بىزگە ئۇقتۇرىدۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ قۇربانلىق تۈزۈمى ۋە بىر ئىبادەتخانىسى بولۇشى كېرەك (ئىنجىل «ۋەھ.» 2:11نى كۆرۈڭ).

«ئۇ چاغدا ۋەيران قىلغۇچى «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئىچكىرى جايىغا قويۇلىدۇ».

دەججال بىر نەرسىنى (ئۇ نەرسىنىڭ دەل نېمە ئىكەنلىكى بىزگە ئۇقتۇرۇلمىغان) ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. مەيلى قانداق نەرسە بولسۇن، خۇدانىڭ ھەم خۇدانىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇ «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» بولىدۇ. دەججالنىڭ مەقسىتى شۈبھىسىزكى، پۈتۈن دۇنيانى بۇ مۇقەددەس جايغا قويغان «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»قا چوقۇندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىبرانىي تىلىدا «ئەڭ ئىچكىرى جاي» دېگەن ئىككى ئىبارە «تەسىر تارقاتقۇچى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ، بەلكىم بۇ يەردىن «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نىڭ تەسىرى پۈتۈن جاھانغا تارقىلىشى مۇمكىن. بۇ «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» «ۋەيران قىلغۇچى» دەپ سۈپەتلىنىدۇ. 8-باب 25-ئايەتتە ئايان قىلىنغاندەك، دەججال زور ئالدامچىلىقلار بىلەن نۇرغۇن كىشىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئەڭ يامان ۋەيرانچىلىق بولسا خۇدادىن ئايرىلىش ۋە ئېتىقادىنى يوقىتىش بولىدۇ. دەججال شەيتاننىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ئۇنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كىشىلەرنى ئالداپ ئۆزىگە چوقۇندۇرۇش يولى بىلەن ئۇلارنى خۇدادىن ئايرىۋېتىپ، بۇ ئەڭ دەھشەتلىك ۋەيرانچىلىقنى ئېلىپ بارىدۇ.

بەلكىم مۇشۇ يەردە دېيىشىمىزگە توغرا كېلىدۇكى، پەيغەمبەرلەر كەلگۈسىدە

يېڭى بىر ئىبادەتخانا قۇرۇلۇپ، قۇربانلىقلار تۈزۈمى قايتىدىن ئورنىتىلىدۇ، دەپ ئالدىن ئېيتقان بولسىمۇ، بۇ ئىبادەتخانىنى يەھۇدىيلار مەسىھ ئەيساغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنساننىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن قىلغان ئۇلۇغ قۇربانلىقىدىن خەۋەرسىز هالەتتە قۇرىدۇ. ئىنجىلدا ئايان قىلىنىدۇكى، مەسىھ ئەيسا گۇناھلار ئۈچۈن چوڭ قۇربانلىق بولغاندىن كېيىن، ھەرقانداق ھايۋان قۇربانلىقى ھازىر پۈتۈنلەي ھاجەتسىز. ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزىمۇ ھاجەتسىز، چۈنكى ئىنجىلغا ئاساسەن، خۇدانىڭ مەسىھنى قوبۇل قىلغان ئۆز بەندىلىرى ئۇنىڭ ئۇلۇغ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسى بولدى. شۇنداق بولغىنى بىلەن، كەلگۈسىدە يەھۇدىيلار قۇرغان ئاشۇ ئىبادەتخانا نۇرغۇن (تولۇق چۈشەنمىگەن) كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «مۇقەددەس بىر جاي» دەپ قارىلىشى مۇمكىن. شۇڭا دەججالنىڭ ئۇنى بۇلغىشى، باشقىچە ئىشلىتىشى خۇدانىڭ نەزىرىدە ناھايىتى ئېغىر بىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بىراق بۇ «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» پەقەت خۇدا ئاللىبۇرۇن بېكىتكەن ۋاقىتقىچىلا داۋاملىشالايدۇ: ــ

«تاكى بالايىئاپەت، يەنى خۇدا بېكىتكەن كۆلپەت ۋەيران قىلغۇچىنىڭ بېشىغا ياغدۇرۇلغۇچە («يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق») شۇ يەردە تۇرىدۇ».

بۇ ئىشلارنى خۇدا ئاللىبۇرۇن بېكىتكەن. خۇدا ئۇلارغا يول قويغان ئاخىرقى «يەتتە ۋاقىت»نىڭ ئىككىنچى يېرىمى (1260 كۈن)دىكى ئازابلىق مەزگىلدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. دەججال ئاغدۇرۇلۇپ گۇمران قىلىنىدۇ.

24-ئايەتتە دېيىلگىنىدەك، «يەتتە ۋاقىت»نىڭ ئاياغلىششى بىلەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممە بېشارەتلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئالەمنىڭ تەختىگە ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھەربىر مەخلۇق تىز پۈكۈپ ئۇنى رەب دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى پەقەت ئۇنىڭدىن تېپىلىدۇ. قەدىرلىك كىتابخانىم، سىز ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭىز دەپ تونامسىز؟ خۇداغا بېقىنىپ تۇۋا قىلىپ ئۇنىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بولغان كەچۈرۈمنى قوبۇل قىلىڭ. مۇقەددەس روھنىڭ قەلبىڭىزدە تۇرۇشى بىلەنلا بولالايدىغان «مەڭگۈلۈك ھەققانىيلىق» بولغان سوۋغاتنى ئۇنىڭدىن دۇئا قىلىپ سوراڭ.

## (8) 11-12-باب
## ئاخىرقى غايىبانە كۆرۈنۈش ۋە بېشارەتلەر

جەبرائىل دانىيالغا يەتكۈزگەن بېشارەتنىڭ ئۇنىڭغا تەسىرى قانچە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشىمىز تەس. دانىيال تەشنا بولغان خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى دەرھال كېلىدۇ دېيىشىنىڭ ئورنىدا، جەبرائىل ئۇنىڭغا پادىشاھلىقنىڭ كېلىشى ناھايىتى يىراق دەپ ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ كېلىشى ئاز دېگەندە 490 يىل، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇندۇر. ئۇنىڭ: «نېمىشقا ۋاقىت شۇنچە ئۇزۇن؟» دېگەن جىددىي سوئالى بار بولۇش مۇمكىن ئىدى. ئۇ يەنىلا دۇئا قىلىپ خۇدانى ئىزدىنىشكە باشلىدى. پارس پادىشاھى قورەشنىڭ بىرىنچى يىلىدا، قورەش يەھۇدىيلارنى خالىسا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، ئىبادەتخانىسىنى يېڭىباشتىن قۇرۇشىغا ئالىلقاچان رۇخسەت بېرىدىغان پەرمان چۈشۈرگەنىدى.

ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ رۇخسەتنامىگە بولغان ئىنكاسى چوقۇم دانىيالنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. چۈنكى پەقەت ئاز بىر قىسىم قېرىنداشلىرى پەلەستىنگە قايتتى. كۆپ ساندىكىلىرى بابىلدىكى تۇرمۇشىنى نىسبەتەن راھەتلىك دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار سودا قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلار ھەزرىتى ئىبراھىمغا خۇدا ۋەدە قىلغان ئۆز يۇرتىغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلىشنى خالىمىدى. بۇنىڭدىن دانىيال ئۈمىدسىزلەنمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ يېشى 90دىن ئارتۇق بولغاچقا، ئۇ قايتالمايتتى. ئۇ قايتقان قېرىنداشلىرى ھەم كۆپىرەك كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلغۇۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ كەلگۈسى قانداق بولار؟ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ جەبرائىل ئۇنىڭغا بەرگەن غايىبانە ئالامەت بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىنى ھەم يېرۇسالېم شەھىرىنى يېڭىباشتىن قۇرۇش مەقسىتىنى ئۇ بىلەتتى، لېكىن بۇ ۋەزىپە بەك ئېغىر بولاتتى. يەھۇدىيلارنى يامان كۆرىدىغانلار ياكى ئۇلارغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلىدىغانلار (بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاش) ئاز ئەمەس ئىدى. ئەتراپتىكى مىللەتلەردىن بۇ ئىشقا قارشى چىقىدىغانلار چوقۇم كۆپ بولىدۇ.

دانىيالغا ۋەھيي قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى غايىبانە ئالامەت، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بۇ ئويلىرى ۋە دۇئالىرىغا جاۋاب سۈپىتىدە بولدى. بۇ ئالامەت يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئۇ ئالامەتتە كېيىنكى نەچچە يۈز يىللارنىڭ ئازاب-

ئوقۇبەتلىرىنى، ئاندىن بۇ ئىشلاردىن كېيىن جەبرائىل ئاللىقاچان ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا بەك ۋەھىمىلىك «يەتتە يىل»دىكى رەھىمسىز زىيانكەشلىكلەر ھەم يىرگىنچلىك كۇپۇرلۇقلارنى ئىنىقراق، تەپسىلىيراق ھالدا كۆرەلەيدىغان بولدى.

بىز ھازىر بۇ بېشارەتلەرنى تەپسىلىي ھالدا كۆرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشلىرى توغرۇلۇق سۆز قىلماقچىمىز. شۈبھىسىزكى، بۇ بېشارەتلەرنىڭ مەنىسى ئاستا-ئاستا ئاشكارىلىنىپ، تەپسىلىي ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئاشۇ چاغدىكى ئۆز قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر رىغبەتلەندۈرۈش بولغان بولسا كېرەك. ئۇلار باشقىلار تەرىپىدىن قاتتىق ئېزىلگەن ۋە خارلانغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ بېشارەتلەرگە قاراپ ئۆزلىرىنىڭ خۇدانىڭ پۈتۈن دۇنياغا قاراتقان شۇ ئۇلۇغ پىلانىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا كېرەك. جەمئىي بولۇپ بۇ يەردە 135 بېشارەت بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دانىيال ۋە مەسىھ دۇنياغا كېلىشىنىڭ ئارىلىقىدىكى نەچچە يۈز يىللىق مەزگىلدە ئەمەلگە ئاشقان.

بىز 11-باب، 2-ئايەت بىلەن باشلايمىز.

پەرىشتە (مۇشۇ ئايەتتە پەرىشتە جەبرائىل ئەمەس) ئۇنىڭغا ئۇقتۇرىدىكى: —

«پارسقا يەنە ئۈچ پادىشاھ ھۆكۈمرانلىققا چىقىدۇ».

بۇ ئۈچ پادىشاھ: —

1. «بۈيۈك قورەش» (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 530-539 يىللاردا تەختكە ئولتۇرغان)

2. كامبىسىس — قورەشنىڭ ئوغلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 530-522).

(كامبىسىستىن كېيىن بىر مەزگىل تەختنى تالىشىش كۆرۈشى بولدى)

3. دارىئۇس خىستاسپىس (I) (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 522-486)

«كېيىن تۆتىنچى پادىشاھ چىقىپ، باشقا پادىشاھلاردىنمۇ كۆپتىن كۆپ مال-دۇنيانى توپلايدۇ؛ ئۇ مال-دۇنيالىرىدىن قۇدرەت تېپىپ، ھەممە يۇرتلارنى گرېتسىيەگە جەڭ قىلىشقا قوزغايدۇ»

بۇ پادىشاھ بولسا كسېركسىس (بەزىدە «ئاخاسۇئېرۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 486-464/465). ئۇ ئېغىر باج تۈزۈمى ئارقىلىق غايەت زور بايلىقلارنى توپلىدى. ئەستەرنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان پادىشاھ بەلكىم مۇشۇ پادىشاھ ئىدى («ئەستەر» 1:1).

كېيىن ئۇ تۆت يىل ئىچىدە ناھايىتى چوڭ، يەنى ئىككى يېرىم مىليون كىشىلىك بىر قوشۇننى توپلاپ مەشىق قىلدۇردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 480-يىلى ئۇ «تېرموپىلاي» دېگەن يەردە گرېتسىيەگە قاتتىق زەربە بەردى. لېكىن ئۇنىڭ ھۇجۇمى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. شۇ چاغدىن باشلاپ پارس ئىمپېرىيەسى زاۋاللىققا يۈزلەندى. مۇشۇنىڭ بىلەن پەرىشتە دانىيالغا كۆرسەتكەن پارس پادىشاھلىرى تۈگەيدۇ.

(3-ئايەت) «ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كۈچلۈك پادىشاھ مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ زور پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلىپ، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ».

بۇ گرېتسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىرىنچى پادىشاھى «بۈيۈك ئىسكەندەر» (يەنە ئالېكساندېر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 331-323-يىلى).

«ئۇ مەيدانغا چىقىدۇ» ــ دېمەك، ھوقۇق ھەم ھەربىي كۈچى بىلەن ئۈستۈنلۈككە چىقىدۇ. «ئۇ زور پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلىپ، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ» ــ ئىسكەندەر غەربتە مىسىرغىچە، شەرقتە ھىندىستانغىچە يۈرۈش قىلىدۇ، ھېچنېمە ئۇنى توسيالمايدۇ، بىراق: ــ

(4-ئايەت) «لېكىن ئۇ ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقىنىدا، پادىشاھلىقى پارچىلىنىپ ئاسماننىڭ تۆت شامال تەرىپىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تەختىگە ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلالمايدۇ، كېيىنكى پادىشاھلىق ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتىكىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، باشقىلارغا بۆلۈنىدۇ».

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 323-يىلى ئىسكەندەر قاتتىق مەست بولۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئىككى ئوغلىغا قالدۇرۇلماي، تۆت سەردارى ئارىسىدا بۆلۈندى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھەم ئۆگەي ئىنىسى ئۆلتۈرۈلدى. ئەمما ئۇنىڭ تۆت سەردارىنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئالغان يەر-زېمىنى ئۇنىڭ ئالغىنىغا يەتمىدى. تۆت سەردارى تراسىيە، ماكېدونىيە-گرېتسىيە، مىسىر ۋە سۇرىيەدىن ئىبارەت تۆت رايوننى باشقۇردى. دانىيالغا بېرىلگەن بېشارەتلەر پەقەت مىسىر ھەم سۇرىيە ئىككى رايوننىڭ پادىشاھلىقى توغرۇلۇقتۇر. سەۋەبى بۇ ئىككى پادىشاھلىق باشقا ئىككىسىدىن چوڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىككى پادىشاھلىقنىڭ ئارىلىقىدا بولغان «مۇقەددەس

زېمىن»، يەنى خۇدانىڭ ئۆز بەندىلىرى تۇرغان يۇرت پەلەستىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى 150 يىللىق ئۆزئارا جەڭلىرىدىن قاتتىق ئازاب چەككەن ھەم نۇرغۇن تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغان.

(5-ئايەت) «ئۇنىڭدىكى سەردارلارنىڭ ئىچىدىن بىرى «جەنۇبىي پادىشاھ» بولۇپ كۈچىيىدۇ».

تۆۋەندە، بېشارەتلەردىكى «جەنۇبىي پادىشاھ» بولسا، ئىسكەندەر ئىمپېرىيەسىنىڭ تۆت بۆلىكىنىڭ «جەنۇبىي قىسمى»نىڭ پادىشاھى، يەنى مىسىرنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ. «شىمالىي پادىشاھ» بولسا تۆت بۆلىكىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ، يەنى سۇرىيە-تۈركىيە قىسمىنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ. پەلەستىنىدىن قارىغاندىمۇ بۇ ئىككى بۆلەكنى «جەنۇبىي» ھەم «شىمالىي» دېگىلى بولىدۇ.

تۇنجى «جەنۇبىي پادىشاھ» «پتولېمىي سوتېر» بولىدى، ئۇ ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرىدىن لاگۇس ئىسىملىك بىرىنىڭ ئوغلى ئىدى. لاگۇس ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى پتولېمىي مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 323-285-يىللاردا مىسىرغا ھۆكۈم سۈرگەن.

«لېكىن يەنە بىر سەردار ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تېخىمۇ چوڭ پادىشاھلىقىنى سورايدۇ».

بۇ كىشى «سېلېيۇقۇس I» (سېلېيۇقۇس نىكانور) ئىدى. ئۇ ئەسلىدە پتولېمىينىڭ سەردارى ئىدى، پتولېمىي سېلېيۇقۇس بىلەن بىرلىكتە سۇرىيەگە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 312-يىلى) جەڭ قىلدى. ئۇلار غەلىبە قىلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 306-يىلى سېلېيۇقۇس ئۆزىنى «سۇرىيەنىڭ پادىشاھى» دەپ جاكارلاپ، پتولېمىگە قارشى چىقتى. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 312-280-يىللاردا ھۆكۈم سۈردى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ پتولېمىدىن كۈچلۈك بولدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى تۈركىيەدىن ھىندىستانغىچە سوزۇلدى.

(6-ئايەت) «بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جەنۇبىي پادىشاھ شىمالىي پادىشاھ بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ».

5-ئايەت ۋە 6-ئايەت ئارىلىقىدا 50-60 يىل بار. بۇ مەزگىلدە شىمال ۋە جەنۇب ئارىسىدا ئىنتايىن قاتتىق جەڭ بولىدى. بۇ بېشارەتتە كۆرسىتىلگەن ئىتتىپاق

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 252-يىلى تۈزۈلگەن. جەنۇبىي پادىشاھ بولسا «پىتولىمى II» (پىتولىمى فىلادەلفۇس)، شىمالىي پادىشاھ «ئانتىئوقۇس II» (ئانتىئوقۇس تېئوس) ئىدى.

«جەنۇبىي پادىشاھنىڭ قىزى شۇ ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن شىمالىي پادىشاھنىڭ يېنىغا بارىدۇ».

پىتولومىنىڭ قىزى بەرەنىسنىڭ ئانتىئوقۇسقا ياتلىق بولۇشى ئىتتىپاقنىڭ ئاساسى ئىدى. پىتولىمى ئانتىئوقۇسنى ئەسلىدىكى ئايالى لائودىستىن ئاجرىشىشقا مەجبۇر قىلىپ بەرەنىسنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، بەرەنىس ئارقىلىق (بولۇپمۇ ئوغۇللۇق بولسا) شىمالىي پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلماقچى ئىدى، ئەلۋەتتە؛ ئۇ: «نەۋرە ئوغلۇم شىمالىي تەختكە ئولتۇرسا ماڭا بەك پايدىلىق» دەپ ئويلاپتتى.

ئەسلىدە لائودىس ئانتىئوقۇسقا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىدى. پىتولىمى ئانتىئوقۇسقا بۇ ئىككى ئوغلىنى ۋارىسلىقتىن قالدۇرغۇزۇپ، بەرەنىس ئوغۇل تۇغسا ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش كېرەك دېگەن شەرت ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە تۈزگەن. شۇنداق قىلىپ پىتولىمى: «مەن «جەنۇب-شىمال» ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچ-ئاداۋەتنى تۈگەتتىم» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق: –

«لېكىن كېيىن بۇ قىز ئىرىشكەن ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ».

تويدىن 4 يىل كېيىن پىتولىمى ئۆلدى، ئانتىئوقۇس بەرەنىسنى تالاق قىلدى.

«شىمالىي پادىشاھ ئۆزىمۇ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتالماي، مەزمۇت تۇرالمايدۇ» – ئانتىئوقۇس قايتىدىن لائودىس بىلەن توي قىلدى. بىراق لائودىس ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدۇ ھەم نەپرەتلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلى قايتىدىن «شاھزادە» دەپ جاكارلانغاندىن كېيىن ئۇ ئانتىئوقۇسنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. ئۇ ئۆز ئوغلى «سىلىۇقۇس كاللىنىقۇس» (سىلىۇقۇس II)نى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى.

«بۇ قىز ۋە ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەر، ئۇنىڭ بالىسى ھەم شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنى قوللىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ساتقۇنلۇق قىلىنىدۇ» – بەرەنىسنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولدى. لائودىس ئۇنى ۋە ئۇنىڭ يېقىدىن تۇغۇلغان ئوغلىنى ھەم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن سۈرىيەگە كەلگەن مىسىر ئوردىسىدىكى خىزمەتكارلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. «ئۆز ئاتىسى» پىتولىمى بولسا، بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ تۈزگەن ئىتتىپاق تېزلا يوققا چىقتى.

(7-ئايەت) «ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئاتا جەمەت تۈغقىنىدىن بىرى قوشۇنىنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ پادىشاھ بولۇپ، شىمالىي پادىشاھنىڭ قورغىنىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ چوڭ غەلىبە قىلىدۇ». بۇ «ئاتا جەمەت تۈغقىنىدىن بىرى» بەرەنىسنىڭ ئىنىسى «پتولمى III» (پتولمى ئېۋگېرتىس) ئىدى. ئۇ مىسىرنىڭ قوشۇنىنى ئۆزىگە قايىل قىلغاندىن كېيىن مىسىرنىڭ پادىشاھى بولدى. ئۇ ئاچىسى بەرەنىسنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۈرىيەگە بېسىپ كىردى. ئەمما كېچىككەنىدى. ئۇنىڭ ئاچىسى ئاللىبۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ سۈرىيەدىكى تىجلە دەرياسىغىچە بولغان نۇرغۇن قورغانلارغا بېسىپ كىرىپ ۋەيرانچىلىق قىلىپ لائودىسىنىمۇ ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈردى.

(8-ئايەت) «ئۇ ئۇلارنىڭ ئىلاھ-بۇتلىرى، قۇيما مەبۇدلىرى ۋە بۇتخانىلىرىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان جام-قاچىلارنى مىسىرغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ بىرنەچچە يىل شىمالىي پادىشاھدىن ئۆزىنى نېرى قىلىدۇ». ــ ئۇ ناھايىتى كۆپ ئولجىنى، جۈملىدىن سۈرىيەنىڭ بۇتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ مىسىرغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئالغان ئولجا شۇنچە كۆپ ئىدىكى، مىسىرلىقلار ئۇنى «ئېۋگېرتىس» (تۆھپىكار) دەپ ئاتىدى. ئۇ سۈرىيەگە قايتا ھۇجۇم قىلمىدى. بىراق: ــ

(9-ئايەت) «شىمالىي پادىشاھ جەنۇبىي پادىشاھنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىدۇ، لېكىن ئاخىرى ئۆز يۇرتىغا چېكىنىدۇ» ــ سېلېۋقۇس II قىساس ئېلىپ ئولجىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپ مىسىرغا بېسىپ كىردى. لېكىن ئۇ مەغلۇپ بولۇپ قايتتى.

(10-ئايەت) «شىمالىي پادىشاھنىڭ شاھزادىلىرى قوزغىلىپ، زور قوشۇن تەشكىللەيدۇ. شاھزادىلەردىن بىرى كەلكۈندەك كېلىپ جەنۇبقا بېسىپ كىرىدۇ. كېيىن ئۇ يەنە جەڭ قىلىپ، دۈشمەن قورغىنىغىچىمۇ بېسىپ كىرىدۇ» ــ ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى زور قوشۇنى توپلىدى. بىرىنچى ئوغلى سېلېۋقۇس III (سېلېۋقۇس كېرىۋنۇس)، بالدۇرلا «كىچىك ئاسىيا» (ھازىرقى تۈركىيە)دا جەڭدە ئۆلدى. ئىككىنچى ئوغلى «بۈيۈك ئانتىئوقۇس» (18

ياشتا) بىر زور قوشۇننى ئېلىپ مىسىرغا بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ سۇرىيەنىڭ زېمىنىنى گازا شەھىرىگىچە كېڭەيتتى. يەنە ئىككى قېتىملىق نەتىجىسىز جەڭدىن كېيىن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 217-يىلى يەنە ھۇجۇم قىلىپ، مىسىرنىڭ رافىيا شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ قورغانىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەلەستىننى ئاساسەن ئىدارە قىلغان بولدى.

(11-ئايەت) «جەنۇبىي پادىشاھ قاتتىق غەزەپتە قوشۇن تارتىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، شىمالىي پادىشاھقا ھۇجۇم قىلىدۇ. شىمالىي پادىشاھ زور بىر قوشۇننى جەڭگە سالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇ زور قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە ئېلىنىدۇ» ــ شۇ چاغدىكى «جەنۇبىي پادىشاھ» «پىتولمىي IV» (پىتولمىي فىلوپاتېر) ئىدى. ئۇ ئەسلىدە كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ كەتكەنىدى، لېكىن ئانتىئوقۇسنىڭ ھۇجۇملىرىغا غەزەپلىنىپ، ئۇ قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. ئانتىئوقۇسنىڭ ئارمىيىسى قۇدرەتلىك ئىدى (62000 پىيادە ئەسكەر، 6000 ئاتلىق ئەسكەر، 100 پىلى بار ئىدى). لېكىن ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ كۆپىنچىسى ئەسىرگە ئېلىنىدى.

(12-ئايەت) «شۇ زور قوشۇننىڭ ئەسىرگە ئېلىنىشى بىلەن جەنۇبىي پادىشاھ ئىنتايىن مەغرۇرلىنىدۇ. ئۇ تۈمەنلىگەن ئادەملەرنى يوقىتىدۇ، بىراق ئۇنىڭ غەلىبىسى ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ» ــ بۇ چوڭ غالىبىيەت تۈپەيلىدىن «فىلوپاتېر» بەك تەكەببۇرلىشىپ كەتتى. ئۇ بىر تۈمەندىن كۆپ ئەسكەرنى ئۆلتۈردى، تۆت تۈمەن ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالدى. بىراق ئۇ قالغان شىمالىي قوشۇننى قوغلاشقا ئېرىنىپ، قايتىپ كەلدى. ئۇ ئايالى بىلەن سىرلىق ھالدا ئۆلدى، بەلكىم زەھەرلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

(13-ئايەت) «چۈنكى شىمالىي پادىشاھ يۇرتىغا قايتىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ ۋە كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەيدۇ. بىكىتىلگەن يىللار توشقاندىن كېيىن ئۇ زور قۇدرەتلىك قوشۇننى كۆپ تەمىناتلار بىلەن قوشۇپ باشلاپ كېلىدۇ» ــ «بۈيۈك ئانتىئوقۇس» (ئانتىئوقۇس III) باشقىدىن قوشۇننى تولۇقلىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 212- ۋە 204-يىلى مەزگىلىدە ئۇ جەڭنى ھىندىستانغىچە ھەمدە كاسپىي دېڭىزغىچە كېڭەيتىپ زور كۈچكە ئىگە بولدى. 201-

يىلى ئۇ مىسىرغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. 14 يىلدىن كېيىنكى ئۈچىنچى ھۇجۇمدا ئەسلىدىكى ئارمىيىسىدىن زور بولغان، ياخشى قوراللانغان، مول تەجرىبىلىك ئارمىيىسى بىلەن مىسىرغا بېسىپ كىردى.

(14-ئايەت) «ئۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر جەنۇبىي پادىشاھقا قارشى تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئى دانىيال -- سېنىڭ خەلقىڭ ئىچىدىكى زوراۋانلار مۇشۇ غايىبانە ئالامەتتىكى بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇپ، يوغانچىلىق قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار مەغلۇپ بولىدۇ» ـ بېشارەتتە دېيىلگىنىدەك، مىسىر پادىشاھى (ھازىر «پىتولىمى V» (پىتولىمى ئېپىفانىس»)نى قەستلەيدىغانلار كۆپ ئىدى. ئۇ تەختكە چىققاندا ناھايىتى بىر 4 ياشلىق بالا ئىدى. ماكېدون پادىشاھى بىلەن ئانتىئوقۇس يوشۇرۇن پىلان تۈزۈپ پىتولىمىغا ھۇجۇم قىلدى. پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارمۇ «مۇستەقىل بولۇش پۇرسىتىمىز كەلدى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى بىز ھازىر ئۆزىمىز قۇرىمىز» دەپ، توبىئاس ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ باشچىلىقىدا ئانتىئوقۇس بىلەن يوشۇرۇن پىلان تۈزۈپ مىسىرغا ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلار يېرۇسالېمدا تۇرۇشلۇق مىسىردىكى قوشۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلدى. لېكىن ئۇلار «مۇستەقىل پەلەستىن» مۇددىئاسىغا يېتەلمەي، پەقەتلا ئانتىئوقۇسنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا ئۆتتى، خالاس. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 199-يىلى پەلەستىن پۈتۈنلەي ئانتىئوقۇسنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا بولدى.

(15-ئايەت) «شىمالىي پادىشاھ پوتەي سېلىپ مۇستەھكەم شەھەرنى مۇھاسىرە ھۇجۇمى قىلىپ بېسىۋالىدۇ. جەنۇبدىكى كۈچلەر، ھەتتا ئەڭ خىل قوشۇنلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلغۇدەك كۈچى قالمايدۇ» – 198-يىلى ئانتىئوقۇسنىڭ قوشۇنلىرى مىسىرنىڭ «سكوپۇس» ئىسىملىك بىر سەردارى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى (پىتولىمى (V) قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىشقا تېخى بەك كىچىكلىك قىلاتتى). سكوپۇس سۈرىيەگە ھۇجۇم قىلدى، لېكىن مەغلۇپ بولۇپ «زىدون» دېگەن ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر شەھەرگە باشپاناھ ئىزدەپ كەلدى. ئانتىئوقۇس زىدوننى مۇھاسىرە قىلدى، سكوپۇس تەن بەردى، زىدون ئىشغال قىلىندى. مىسىر سكوپۇسقا ياردەم بېرىش

ئۇچۇن خىل قوشۇنلىرىنى ئەۋەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى.
مىسىر ھالسىزلىنىپ، پۈتۈنلەي يىگىلدى.

(16-ئايەت) «شىمالدىكى تاجاۋۇزچى بولسا ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشىلىق قىلالمايدۇ. ئۇ «گۈزەل زېمىن»نى ئىشغال قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ قولىدا ئۇنى ۋەيران قىلغۇچى كۈچ بولىدۇ»
ـ ئانتىئوقۇس مىسىردا خالىغانچە ئىش قىلدى، مىسىرنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇردى.
شۇ چاغدىن باشلاپ رىم ئىمپېرىيەسى تىكلەنگىچە، پەلەستىن «شىمالىي پادىشاھلىق»نىڭ ئاياغ ئاستىدا قالدى. ئانتىئوقۇسقا ياردەم قىلغان يەھۇدىيلار قاتتىق پۇشايمان-ھەسرەتتە قالدى. ئانتىئوقۇس ئىسرائىلنى ئىدارە قىلىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇلاردىن باج ئېلىشقا باشلىدى.

(17-ئايەت) «شىمالىي پادىشاھ بەل باغلاپ پادىشاھلىقىدىكى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ مىسىرغا يول ئالىدۇ؛ ئۇ مىسىر بىلەن ئەھدە تۈزىدۇ، ئۆزى ئەھدىدە تۇرغاندەك قىلىدۇ. بىراق مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئاياللىرىنىڭ بىر قىزىنى مىسىر پادىشاھىغا بېرىدۇ. لېكىن قىزى ئاتىسى تەرەپتە تۇرمايدۇ، ئۇنى قوللىمايدۇ» ـ ئانتىئوقۇس بارغانچە كۈچىيىۋاتقان رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تەھدىتىنى سېزىپ، «مىسىر بىلەن ئىتتىپاق تۈزسەم مۇستەھكەمرەك بولىمەن» دەپ، مىسىرغا باردى، ئۇ ئۆزىگە بېقىنغان مىسىرنىڭ پادىشاھى (يەنىلا پىتولىمى V، يەنى پىتولىمى فىلوپاتېر ئىدى) بىلەن كېلىشىم تۈزمەكچى بولدى. فىلوپاتېرنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇ پۈتۈن قوشۇنىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. كېلىشىمنىڭ شەرتلىرىنى ئادىل كۆرسىتىش ھەم فىلوپاتېرنى ئۆزىگە قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئانتىئوقۇس ئۆزىنىڭ بۇ شەرتلىرىگە رىئايە قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بىراق مىسىرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەش ئۈچۈن ھەم بىۋاسىتە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كلېئوپاترا ئىسىملىك قىزىنى پىتولىمىغا ياتلىق قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن كلېئوپاترا ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرمىدى، بەلكى ئېرىگە سادىق بولۇپ چىقتى. سۈرىيە رىمغا قارشى جەڭ باشلىغىنىدا، رىم مىسىردىن ياردەمگە ئېرىشتى.

(18-ئايەت) «كېيىن ئۇ دېڭىز بويىدىكى يۇرتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەسىرگە ئالىدۇ. لېكىن يات بىر سەردار ئۇنىڭ كىشىلەرنى خار قىلىشلىرىنى چەكلەيدۇ ۋە ئەكسىچە، ئۇنىڭ بۇ خارلاشلىرىنى ئۆزىگە ياندۇرىدۇ» — ئانتىئوقۇس 197-يىلى مىسىرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ رىم ئىمپېرىيەسى ئىدارە قىلغان «كىچىك ئاسىيا» (ھازىرقى تۈركىيە)نىڭ زېمىنلىرىغا ھۇجۇمغا كىرىشتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 197-يىلى ئۇ كىچىك ئاسىيانى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 196-يىلى تراتسىيەنى ھەم گرېتسىيەنىڭ بىر قىسمىنى («دېڭىز بويىدىكى يۇرتلار»)نى ئىشغال قىلىپ، رىم قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بىراق رىمنىڭ سكىپىئو ئىسىملىك بىر سەردارى تېرموپىلاي (ئانتىئوقۇسنىڭ ئۆز بازىسى)دا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 191-يىلى ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 190-يىلى سكىپىئو ئۇنى يەنە مەغلۇپ قىلدى.

ئىلگىرى ئانتىئوقۇس رىم ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى بەك خارلىغان ئىدى، ئۇلارنى «كىچىك ئاسىيا بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن» دەپ مازاق قىلغانىدى. ئەمدى ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 188-يىلى رىم ئەلچىلىرى ئۇنى خارلىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ قويغان سۈلھ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا، كىچىك ئاسىيانى ئۇلارغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

(19-ئايەت) «ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قورغانلارغا چېكىنىپ كېلىدۇ. لېكىن ئاخىرىدا ئۇ پۇتلىنىپ يىقىلىپ كېتىدۇ» — رىمغا بېقىنىش بىر مەغلۇبىيەت بولۇپ، ئۇ سۇرىيەگە قايتتى. بۇ ئىش رىمنىڭ پەلەستىننى ئىشغال قىلىشىغا تەييارلىق رول ئوينىدى. ئانتىئوقۇس رىمغا تاپشۇرۇش كېرەك بولغان باجلارنى يىغىش ئۈچۈن بەزى داڭلىق بۇتخانىلارنى بۇلاشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلغانلىقىدىن ئۇ بەلكىم غەزەپلەنگەن بىر راھىب تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 187-يىلى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

(20-ئايەت) «كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر پادىشاھ تەختكە ئولتۇرىدۇ؛ ئۇ پادىشاھلىقنىڭ ئەڭ شان-شەرەپلىك جايىغا بىر زالىم ئالۋاڭچىنى ئەۋەتىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مالىمانچىلىقمۇ بولماي، جەڭمۇ بولماي ئۆلتۈرۈلىدۇ» ــ بۇ ئايەتتىكى «ئەڭ شان-شەرەپلىك جاي» بەلكىم مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئانتىئوقۇسنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغىنى «سلېۇقۇس IV» (سلېۇقۇس فىلوپاتېر) ئىدى. ئۇ «خېلىئودورۇس» ئىسىملىك ناھايىتى زالىم كىشىنى رىمغا تېگىشلىك بولغان باجلارنى يىغىشقا ئەۋەتتى. خېلىئودورۇس مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا ئالۋان ئېلىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇ يەھۇدىيلاردىن ھەر يىل 1000 تالانت (45 توننا) كۈمۈش تەلەپ قىلدى. بۇ ناھايىتى ئېغىر سېلىق ئىدى. بۇ باجنى تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى ئىبادەتخانىدىكىلەرگە قالدۇرۇلدى.

بىراق سلېۇقۇسنىڭ يىللىرى ئاتسىنىڭكىگە يەتمىدى. ئۇ پەقەت 11 يىل تەختتە ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ زالىم ئالۋانچىسى خېلىئودورۇس تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

«ئانتىئوقۇس IV » (ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس)، يەنى سلېۇقۇس IVنىڭ ئىنىسى، شىمالىي پادىشاھ بولدى. ئۇ ناھايىتى زالىم ھەم مەغرۇر پادىشاھ ئىدى. كېيىنكى ئايەتلەردە، يەنى 21-34-ئايەتلەردە بۇ پادىشاھنىڭ ئىشلىرى ئالدىن ئېيتىلىدۇ. 8-باب، 9-14 ئايەتلەرمۇ بۇ كىشى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ.

(21-ئايەت) «شۇنىڭدىن كېيىن پەس بىر ئادەم ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىپ شىمالىي پادىشاھلىقنى ئالىدۇ؛ ئەمما پادىشاھلىقنىڭ ھۆرمەت-شۆھرىتى ئۇنىڭغا ھېچ تەۋە بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ؛ بەلكى ئۇ خەلقنىڭ ئاسايىشلىق پەيتىدىن پايدىلىنىپ، يالاقچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ».

«پەس بىر ئادەم» – «ئانتىئوقۇس IV » (ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس)نىڭ تەختكە ۋارىسلىق ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پەس يول بىلەن ئېرىشكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان كىشى ئەسلىدە «ئانتىئوقۇس» ياكى «دېمېترىئوس سوتېر» ئىدى. ئۇلار ئىككىسىلا سلېۇقۇس IVنىڭ ئوغلى

ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 175-يىلى، ئانتىئوقۇس ئاكىسى سىلېيۇقۇسنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ شىمالىي پادىشاھلىقنىڭ پايتەختى ئانتىئوقىيا كەلدى. سىلېيۇقۇسنىڭ ئىككى ئوغلىدىن بىرىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىغا توغرا كېلەتتى. لېكىن ئانتىئوقۇس ئۆزىنى ئاكامنىڭ بالىسىنىڭ ھىمايىچىسىمەن، دەۋالدى. ئۇ پەرگامۇمنىڭ پادىشاھىغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە قايىل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تەختكە ئېرىشىش سۈيىقەستىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ كىچىك ئانتىئوقۇسنى ئاندرونىقۇس ئىسىملىك ئادەم ئارقىلىق ئۆلتۈرگۈزدى. ئاندىن ئۇ «ئىزنى يوقىتىش ئۈچۈن» ئاندرونىقۇسنى ئۆلتۈرگۈزدى.

(22-ئايەت) «زېمىنىغا كەلكۈندەك بېسىپ كىرگەن كۈچلەرنى ئۇ ھەم كەلكۈندەك ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ ھەتتاكى «خۇدانىڭ ئەھدىسىدە بېكىتىلگەن ئەمىر»نىمۇ يوقىتىدۇ» ــ ئانتىئوقۇس IV خېلىئودورۇس يىغقان قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ پەلەستىنگە بېسىپ كىرگەن مىسىرنىڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا قاتتىق قايتۇرما زەربە بېرىپ ئۇلارنىمۇ مەغلۇپ قىلدى.

بۇ ئايەتتىكى «خۇدانىڭ ئەھدىسىدە بېكىتىلگەن ئەمىر» شۈبھىسىزكى، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى «باش كاھىن»نى (كاھىن دېگەن قۇربانلىق قىلغۇچى خادىم) كۆرسىتىدۇ. ئونىياس ئىسىملىك كىشى باش كاھىن، شۇنداقلا بەك ھەققانىي كىشى ئىدى. ئانتىئوقۇس ئۆزىنىڭ ئادىمىنى باش كايىن قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرگۈزدى.

(23-ئايەت) «شەرتنامە تۈزۈش ئارقىلىق ئۇ باشقا يۇرتلارنى ئالدايدۇ؛ ئادەملىرى كىچىك بىر قوشۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچى ئاۋۇپ-ئاۋۇپ، قۇدرەت تاپىدۇ» ــ مىسىردا پىتولېمىنىڭ ئىككى ئوغلى پىتولېمى VI (يەنى پىتولېمى فىلوماتېر) ھەم پىتولېمى ئېيۇرگېتېس ئارىسىدا جېدەل پەيدا بولدى. ئانتىئوقۇس فىلوماتېرنى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قوللىدى. ئۇنىڭ ئاچىسى كلېئوپاترا «مىسىر پادىشاھىنىڭ ئانىسى» ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇنى قوللىمىدى.

ئاتىسى ئانتىئوقۇس III ئۆلۈشى بىلەن شىمالىي پادىشاھلىقنىڭ باشقۇرغان زېمىنى ھەم قوشۇنى ئازىيىپ كەتتى. شۇڭا بېشارەتتە «كىچىك بىر قوشۇن» دېيىلىدۇ.

(24-ئايەت) «ئۇ خالايىقنىڭ ئاسايىشلىق پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئەڭ باي ئۆلكىلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئاتىلىرى ياكى ئاتىلىرىنىڭ ئاتىلىرى زادى قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، يەنى ئۇ ئولجىنى، غەنىمەتلەرنى ۋە نۇرغۇن بايلىقلارنى قول ئاستىدىكىلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ؛ مەلۇم بىر مەزگىلگىچە قورغانلارغىمۇ ھۇجۇم قىلىش قەستىدە بولىدۇ» ــ ئۇ سۈرىيەنىڭ باي ئۆلكىلىرىدىن ھىيلە-مىكىر يوللىرى بىلەن ئېغىر باج-ئالۋاننى ئالدى. بىراق ئالغان پۇلنى ئۆزىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىشلەتمىدى، بەلكى ئۆزىگە ئىتتىپاقداشلارنى، قوللىغۇچىلارنى توپلاش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مىسىرنىڭ قورغانلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. «مەلۇم بىر مەزگىل» ــ خۇدانىڭ ئۇنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشىگە يول قويغان 12 يىل ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر بېشارەتلەر ئۇنىڭ مىسىرغا قارشى بولغان بىرىنچى ئۇرۇشىغا كەلدى.

(25-ئايەت) «ئۇ ئۆز كۈچىنى ئىشقا سېلىپ چوڭ غەيرەت بىلەن قوزغىلىپ، زور قوشۇننى باشلاپ، جەنۇبىي پادىشاھقا ھۇجۇم قىلىدۇ. جەنۇبىي پادىشاھمۇ ناھايىتى زور قۇدرەتلىك بىر قوشۇن بىلەن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. لېكىن جەنۇبىي پادىشاھى خائىنلارنىڭ يوشۇرۇن سۇيىقەستىگە ئۇچراپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» ــ ئانتىئوقۇس مىسىرغا قارشى جەڭگە ماڭدى. مىسىر پادىشاھى پتولېمى VI (يەنى پتولېمى فىلوماتېر، ئانتىئوقۇسنىڭ نەۋرە ئىنىسى) ئۇنىڭغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋۋالقى مەقسىتى، پەلەستىننىڭ زېمىنىنى مىسىرنىڭ قولىغا قايتۇرۇۋېلىش ئىدى. بىراق فىلوماتېر ئۆز قوشۇنىنىڭ ئىچىدىكى خائىنلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە ئېلىندى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 170-يىل).

(26-ئايەت) «چۈنكى ئۇنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنى يېگەنلەر ئۇنى يىقىتىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنى ھەممە يەرگە تارقىلىدۇ؛ نۇرغۇنلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ» — ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئۆزىگە يۈز ئۆرىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى ئىنتايىن كۆچلۈك بولغىنى بىلەن، ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىندى.

(27-ئايەت) «كېيىن، بۇ ئىككى پادىشاھ بىر-بىرىنى قەستلىشىپ، يامان نىيەت بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېيىشىپ، بىر-بىرىگە يالغان گەپ قىلىشىدۇ؛ لېكىن بۇ ئىشلار ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى پەقەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا بولىدۇ» پىتولېمى VI (پىتولېمى فىلوماتېر) ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى «ئىيۇرگېتىس» مىسىر پۇقرالىرى تەرىپىدىن پادىشاھ قىلىنىپ «پىتولېمى VII» بولدى. ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس بولسا ئەسىرگە ئالغان ئاكىسى فىلوپاتېرگە يالغاندىن دوستلۇق بىلدۈرۈپ، سىنى قايتىدىن مىسىر تەختىگە ئولتۇرغۇزىمەن دەپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ بىر كېلىشىم تۈزدى. ئەمەلىيەتتە فىلوپاتېر ئۇنىڭ يالغان ۋەدىلىرىگە ئىشەنمىسىمۇ، ئىشەنگەنگە سالدى. ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «ئىتتىپاقى» مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. ئانتىئوقۇس ئۇنى مىسىردىكى چوڭ شەھەر «مەمفىس»نىڭ پادىشاھى قىلغىنى بىلەن، كېيىنكى جەڭلەردە ئانتىئوقۇسنىڭ قوشۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئانتىئوقۇس مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، ئاكا-ئۇكا ئىتتىپاق بولۇپ بىر «جۈپ ھۆكۈمران» پادىشاھلىقتا بولدى.
بېشارەتتە دېيىلگەندەك، «بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى پەقەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا بولىدۇ» — دېمەك، «شىمالىي پادىشاھ»نىڭ «جەنۇبىي پادىشاھلىق» ئۈستىدىن پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىپ ئىدارە قىلىشى پەقەت ئاخىرقى زاماندا بولىدۇ.

(28-ئايەت) «شىمالىي پادىشاھ نۇرغۇن مال-مۈلۈكلەرنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە (خۇدانىڭ خەلقى بىلەن تۈزگەن) مۇقەددەس ئەھدىگە قارشى تۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەھدىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ»

ئانتىئوقۇس مىسىرنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلمىغىنى بىلەن، ئۇ كۆپ ئولجىنى قولغا چۈشۈردى. ئۇ سۈرىيەگە قايتتى. مىسىرغا قاراتقان پىلانى ئۈنۈمسىز بولغاندىن كېيىن، ئۇ دىققىتىنى پەلەستىنگە ۋە يەھۇدىيلارغا قاراتتى. ئۇ ئىسرائىلنىڭ ئۆزىگە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق قوبۇل قىلغان مۇقەددەس قانۇنلىرىغا ھەم ئەھدىسىگە ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ چىقتى. ئانتىئوقۇس بارغانسېرى ئۆزىنى خۇدا دەپ ئىشەندى، شۇڭلاشقا ئۇ ھەربىر كىشىدىن ئۆزىگە چوقۇنۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. جاسون ئىسىملىك بىر يەھۇدىي (ئانتىئوقۇس قەستلەپ ئۆلتۈرگەن باش كاھىننىڭ ئىنىسى) ئانتىئوقۇسقا ھەم ئۇ بېكىتكەن باش كاھىنغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بىراق ئانتىئوقۇس بۇ ئىسيانىنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىن نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملارنى بۇلاپ سۈرىيەگە قايتتى.

(29-ئايەت) «بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا شىمالىي پادىشاھ يەنىلا جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىدۇ» ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 168-يىلى ئانتىئوقۇس مىسىردىكى پتولېمى ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ فىلوماتېرنىڭ ئۆزىگە يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم تەييارلىق قىلىپ مىسىرغا جەڭ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

«لېكىن بۇ قېتىمقى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە ۋە يەنە كېلىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسىدىكى بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ» ــ پەرىشتە بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئۆتكەنكى (يەنى «يىرىم مۇۋەپپەقىيەتلىك» ئولجىغىلا ئېرىشكەن، ئاخىرىدا چېكىندۈرۈلگەن ھۇجۇم)غا ئوخشىمايدۇ ۋە ئاخىرقى قېتىمقى (دەججالنىڭ ئاخىرقى زاماندىكى ھۇجۇمى، پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىدىغان بىر ھۇجۇم)غىمۇ ئوخشىمايدۇ دەپ دانىيالغا ئۇقتۇردى.

(30-ئايەت) «چۈنكى «كىتتىم» ئارىلىدىن چىققان كېمىلەر ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ دەرد-ئەلەم بىلەن چېكىنىدۇ ۋە خۇدانىڭ ئۆز خەلقى بىلەن تۈزگەن مۇقەددەس ئەھدىسىگە قاراپ ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى خالىغىنىنى قىلىدۇ؛ شۇنداقلا چېكىنىپ يانغاندا مۇقەددەس ئەھدىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئەتىۋارلايدۇ».

«كىتتىم» ھازىرقى «سىپرۇس»، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئارال، لېكىن بۇ يەردە بەزىدە ئىسمى ئىسرائىلنىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ. رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ كېمىلىرى كىتتىم ئارىلىدىن چىقىپ ئانتىئوقۇسقا (مىسىرغا تاجاۋۇز قىلغان ۋاقتىدا) ھۇجۇم قىلدى. رىم ئەلچىسى ئانتىئوقۇسنىڭ يولىنى توسۇپ، ئۇنى دەرھال مىسىردىن چېكىن، بولمىسا رىم ساڭا قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ بۇيرۇدى. ئانتىئوقۇس غەزىپىنى ئارانلا بېسىپ چېكىندى. ئۇ ئاچچىقىنى يەھۇدىيلاردىن چىقارماقچى بولۇپ، پەلەستىندە ئۇ يەر-بۇ يەرنى خالىغانچە بۇلاپ-تالاپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇ ئۆزى ئورناتقان «باش كاھىن» مەنەلائۇس ئىسىملىك كىشى ھەم ئۇنى قوللىغان بىر مەزھەپ بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. بۇ مەزھەپ «گرېتسىيەلەشتۈرگۈچىلەر» دەپ ئاتالغان ــ چۈنكى ئۇ (مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگەن) مۇقەددەس قانۇن ۋە ئەھدىنى تاشلاپ، گرېتسىيەنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، جۈملىدىن بۇتپەرەسلىكنى يەھۇدىي قېرىنداشلارغا ئۆزۈۋېلىشنى قىلغۇلار دەپ دەۋەت قىلماقتا ئىدى.

(31-ئايەت) «ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرغان بىرنەچچە كۈچلەر قورغان بولغان مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى بۇلغايدۇ، «ھەر كۈندىلىك قۇربانلىق»نى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ۋە «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نى ئۇنىڭ ئورنىغا قويىدۇ» ــ ئانتىئوقۇس «گرېتسىيەلەشتۈرگۈچىلەر» بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىبادەتخانىدىكى «شابات كۈنىدە» (شەنبە كۈنى، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كۈنى)دە قۇربانگاھ ئۈستىگە بىر چوشقىنى قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇندى. ئۇ مۇقەددەس كىتابنى (تەۋرات، زەبۇر) ئوقۇشنى ياكى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنى مەنئى قىلدى (كىم شۇنداق قىلسا ئۆلتۈرۈلەتتى). ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ «مۇقەددەس جايى»غا يوغان بىر مەبۇدنى قويۇپ، يەھۇدىيلارنى ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئۇلارنىڭ شەنبە كۈنىدە دەم ئېلىشىنى مەنئى قىلدى. گرېك ئەسكەرلىرى مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا پاھىشە ئاياللار بىلەن بىللە بولدى. بېشارەتتىكى بۇ ئىشلارنى بايان قىلىدىغان ئىبارە «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»، دەججالنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا قىلىدىغان ئىشىنى بايان قىلغان 9-باب 27-ئايەتتىكى ئىبارىگە

ئوخشاشتۇر. شۇنداق بولغاندا، بىزگە دەججال كەلگۈسىدە مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا قويىدىغان «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» دېگەن ئىشنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. 8-بابتىكى ۋە 9-بابتىكى دەججال توغرۇلۇق بېشارەتلەرگە ئاساسەن ئاخىر زاماندا دەججال قىلىدىغان ئىشلار «ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس» قىلغان ئىشلارغا بەك ئوخشاپ كېتىشى مۇمكىن.

(32-ئايەت) «ئۇ مۇقەددەس ئەھدىگە خائىنلىق قىلغۇچىلارنى خۇشامەت-ھىيلىگەرلىك بىلەن چىرىكلەشتۈرىدۇ؛ لېكىن ئۆز خۇداسىنى دوست تۇتقۇچى خەلق بولسا قەيسەرلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ» ـ ئانتىئوقۇس بۇتپەرەسلىك يولىنى تۇتقان يەھۇدىيلارنى قوللاپ ئۆستۈردى ھەم شۇنداق قىلىپ يەھۇدىيلار ئارىسىغا ھەرخىل ئارازلارنى تۇغدۇردى.

شۇنداقتىمۇ «ماككابىيلار» دېگەن بىر جەمەت باتۇرلۇق بىلەن «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان»دەك ئىسيان كۆتۈردى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار ئانتىئوقۇسنىڭ ئۇلارنى باستۇرماقچى بولغان ھەربىر قوشۇنىنى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلدى.

(33-ئايەت) «خەلق ئىچىدىكى ئاقىللار نۇرغۇن قېرىنداشلىرىغا تەلىم يەتكۈزىدۇ؛ لېكىن بىرنەچچە كۈنلەر ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىلىچتا يىقىلىدۇ، ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، زىندانغا چۈشىدۇ ياكى بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرايدۇ» – خەلق ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم خۇدادىن ئەيمەنگەن كىشىلەر (ئۇلار «خاسىدىملار» دەپ ئاتالغان) ئانتىئوقۇسنىڭ تەھدىتلىرىگە قارىماي يوشۇرۇن «مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇش كۇرسلىرى»نى ئاچتى. بۇ «خاسىدىم»لار ئېتىقادى تۈپەيلىدىن زور قىستاقلاردا قالدى. بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. مەسىلەن، ئېلىيېزار ئىسىملىك بىرسى چوشقا گۆشىنى يېيىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى؛ يەنە، بىر ئىخلاسمەن تۇل خوتۇننىڭ يەتتە ئوغلى ھەرخىل قىيىن-قىستاقتا ئېلىنىدى، جۈملىدىن ئوتتا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلدى، ئاندىن ئۇ خوتۇنمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

(34-ئايەت) «يىقىلغان ۋاقىتلىرىدا، خۇدانىڭ خەلقى ئازغىنە ياردەمگە ئېگە بولىدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ قاتارىغا خۇشامەت-ھىيلىگەرلىك بىلەن سوقۇنۇپ كىرىدۇ» ــ بەزى خاسىدىملار بۇ قاتتىق بېسىم ئاستىدا «يىقىلدى». دېمەك، ئېتىقادىدىن ئايرىلدى. بىراق ئاخىرىدا «ماككابىيلار» ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇندى. ياردەم گەرچە «ئازغىنە» بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ناھايىتى زور ئىلھام بولدى. بەزى «گرېتسىيەلەشتۈرگۈچىلەر» يالغاندىن «ماككابىيلار»نىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۇ ھەرىكەتنى روھىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇش ئىدى. نەتىجىدە، ماككابىيلار جەمەتىدىكى ئوغۇللار ھەم نەۋرە ئوغۇللارنىڭ ھېچقايسىسى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى باسمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «گرېتسىيەلەشتۈرگۈچىلەر» بولۇپ چىقتى.

(35-ئايەت) «بەزى ئاقىللار يىقىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ يىقىلىشى ئۆزلىرىنىڭ سىنىلىشى، تاۋلىنىش-تازىلىنىشى، قىيامەت كۈنىگىچە پاكلىنىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئاخىرەت خۇدا بەلگىلىگەن ۋاقىتتىلا كېلىدۇ» ــ مۇشۇ يەردە، بىز خۇدانىڭ زىيانكەشلىككە بەزىدە يول قويۇشتىكى مەلۇم مەقسىتىنى كۆرەلەيمىز. سىناقلار، شۇنداقلا ئازدۇرۇشقا ئۇچرايدىغان ئەھۋاللار بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنى، گۇناھلىرىمىزنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىزگە توۋا قىلىپ، خۇدادىن كەچۈرۈم ئىزدەش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، بىزنى خۇدانىڭ ئالدىدا ساپ دىللىق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلەيدۇ.

«ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس» بۇ بېشارەتلەرنى 35-ئايەتكىچە ئەمەلگە ئاشۇردى. بىراق «ئاخىرەت خۇدا بەلگىلىگەن ۋاقىتتىلا كېلىدۇ» دېگەن بېشارەت ئاخىر زاماندىكى «شىمالىي پادىشاھ»، يەنى دەججالنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بېشارەتلەر مۇشۇ يەردە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردىن بىۋاستە ئاخىر زامانغا ئاتلاپ ئۆتىدۇ. ئەمىسە دەججال چوقۇم سۈرىيە ياكى شۇ ئەتراپتىكى يۇرتلارنىڭ بىرىنى ئۆز بازىسى قىلىشى كېرەك.

دەججال ئانتىئوقۇسنىڭ كۆپۈرلۈق ئىزىنى بېسىپ، شۇنىڭدەك ئۆزىنى «خۇدا» دەپ ئاتاپ، ئىبادەتخانىدا بىر «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» بەرپا قىلىپ، خەقلەرنى ئۆزىگە چوقۇنۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ.

(36-ئايەت) «شىمالىي پادىشاھ ئۆز مەيلىچە قىلىۋېرىدۇ؛ ئۇ تەكەببۇرلىشىپ، ئۆزىنى ھەرقانداق ئىلاھلاردىنمۇ ئۇلۇغلاپ ئۈستۈن قويۇپ، ھەتتا ھەممە ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى بولغۇچىغا ئاجايىب كۇپۇرلۇق سۆز قىلىدۇ؛ تاكى خۇدانىڭ غەزىپى تولۇق تۆكۈلگەن كۈنىگىچە ئۇ داۋاملىق زور روناق تاپىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ بېكىتكىنى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ» ـ بۇ پادىشاھ (دەججال) ئۆزىنى خۇدا دەپ جاكارلايدۇ (ئىنجىل، «تېسالونىكىلىقلارغا (2)» 2-باب، «ۋەھىي» 13-بابنى كۆرۈڭ). ئۇ خۇداغا قارشى كۇپۇرلۇق سۆز قىلىدۇ («دان.» 7:25نى كۆرۈڭ). ئۇنىڭ روناق تېپىشى پەقەتلا خۇدا ئۇنىڭغا بېكىتكەن ۋاقىتقىچە، يەنى ئاخىرقى «يەتتە ۋاقىت»نىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى 1260-كۈنىگىچە بولىدۇ. ئاشۇ 1260 كۈن «خۇدانىڭ غەزىپى تولۇق تۆكۈلگەن» كۈنلەر بولىدۇ (خۇدانىڭ غەزىپى 1260-كۈنىگە يېقىنلاشقانسېرى ئۆرلەيدۇ).

(37-ئايەت) «بۇ پادىشاھ ئاتا-بوۋىلىرى چوقۇنغان ئىلاھلارغىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ، ئاياللارغىمۇ ھېچقانداق ھەۋەس قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرقانداق ئىلاھنى ھۆرمەتلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ھەرقانداق ئىلاھتىن ئۇلۇغ دەپ قارايدۇ» – دەججال يېڭى بىر بۇتپەرەس تۈزۈمنى ئورنىتىدۇ. «ئاياللارغىمۇ ھېچقانداق ھەۋەس قىلمايدۇ» ـ ئۇ «ئىنسانىدەك» ۋە لېكىن «ئىنسان ئەمەستەك» تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدۇ.

بەزى ئالىملار بۇ سۆزگە قاراپ دەججال بەچچىۋاز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

(38-ئايەت) «بۇلارنىڭ ئورنىدا ئۇ «كۈچلەر ئىلاھى»نى ھۆرمەتلەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئەزەلدىن چوقۇنمىغان بۇ ئىلاھنى بولسا ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت ۋە باشقا قىممەتلىك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ ھۆرمەتلەيدۇ» ـ ئۇ «كۈچكە چوقۇنىدۇ». چوقۇنىدىغان «كۈچلەر ئىلاھى» چوقۇم شەيتاننىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ تۇتىدىغان پرىنسىپى شۈبھىسىزكى، «ھوقۇق ھەقتۇر» بولىدۇ.

(39-ئايەت) «ئۇ ئەڭ مۇستەھكەم قورغانلارنى شۇنداق بىر غەيرىي ئىلاھقا تايىنىپ ئىگىلەيدۇ. كىمكى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىنسا، ئۇ شۇلارغا شەرەپلىك مەنسەپ بېرىدۇ، ئۇلارنى كۆپچىلىكنى باشقۇرىدىغان قىلىدۇ ۋە ئىنئام سۈپىتىدە يەر-زېمىننى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ» — دەججال شەيتاننىڭ كۈچىگە تايىنىپ «تەبىئەتتىن تاشقىرى» مۆجىزىلەرنى يارىتىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئالداپ زور كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇ ھوقۇق-مەنپەئەتلەرنى ئۇلەشتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى تورلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ھازىر دەججالنىڭ ئۇرۇشلىرىغا كەلدۇق. مۇقەددەس كىتاب بىزگە ئۇقتۇرىدۇكى، ئاخىر زاماندىكى «يەتتە ۋاقىت» ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ چوڭ ئۇرۇش بولىدۇ، شۇ جەڭلەردىن ئىككىسى دۇنيا بويىچە بولىدۇ.

(40-ئايەت) «ئاخىر زامان كەلگەندە، جەنۇبىي پادىشاھ ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شىمالىي پادىشاھ جەڭ ھارۋىلىرى، ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە نۇرغۇن كېمىلەر بىلەن قوييۇندەك ئۇنىڭغا قايتۇرما زەربە بېرىدۇ. ئۇ بارلىق يۇرتلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، كەلكۈندەك تېشىپ كەڭ يەر-زېمىنلارنى باسىدۇ»

«ئاخىر زامان كەلگەندە» دېگەن سۆزلەر يەنىلا بىزگە ئەسكەرتىدۇكى، 36-ئايەتتىن باشلاپ بېشارەتلەر ئاخىر زاماننى كۆرسىتىدۇ. بۇ 29-ئايەتتىكى سۆزلەر بىلەن باغلىق. 29-ئايەت ئانتىئوقۇسنىڭ مىسىرغا ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمى توغرۇلۇقتۇر. بۇ 40-ئايەت بولسا دەججالنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشى، يەنى 29-ئايەتتىكى «ئەڭ ئاخىرقى» ھۇجۇم توغرۇلۇقتۇر. 40-ئايەت بەلكىم دەججالنىڭ دۇنياۋىي ھوقۇقىنى چىقىشىنىڭ باشلىنىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي قارارگاھى (بازىسى) سۇرىيە ياكى سۇرىيە ئەتراپىدا بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى «شىمالىي پادىشاھ» دېيىشكە بولىدۇ. شۇ چاغدا مىسىردىمۇ بىر كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق بەرپا قىلىنىشى مۇمكىن، بولمىسا «جەنۇبىي پادىشاھ» مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. دەججالنىڭ مىسىر ئۈستىدىن قىلىدىغان غەلىبىسى ئۇ يەردىن پۈتۈن دۇنياغا كېڭىيدۇ. ئۇ ھەربىر يۇرتنى دېڭىزدەك بېسىپ، «دۇنيانىڭ ھاكىممۇتلەق پادىشاھى» بولىدۇ.

ئايەتتىكى «جەڭ هارۋىلىرى، ئاتلىق جەڭچىلەر» هازىرقى زاماندىكى ئايىروپىلانلار، تانكىلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، بىراق بۇ ئايەتتىكى ئىبارىلەر يەنە ئاخىر زامانغا كەلگەندە، كونا ئۇرۇش ئۇسۇللىرى قايتىدىن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. بىر قېتىملىق «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» ياكى تەبىئىي بالايىئاپەت ئاسانلا دۇنيانىڭ بارلىق نېفىت زاۋۇتلىرى ھەم رادىئو-تېلېفون سىستېمىلىرىنى بىراقلا يوقىتالايدۇ. يەر شارىنىڭ ئاتموسفېرىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرسە رادىئو ئالاقىسى ئۈنۈمسىز بولۇپ قالىدۇ.

(41-ئايەت) «ئۇ ھەتتا «گۈزەل زېمىن»غا بېسىپ كىرىدۇ؛ نۇرغۇن ئەللەر ئازدۇرۇلۇپ يىقىتىلىدۇ. لېكىن بۇلار، يەنى ئېدوملار، موئابلار ۋە ئاممونلارنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ». ئۇ ئىسرائىل (پەلەستىن)غا تاجاۋۇز قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ «يەتتە يىل»نىڭ ئوتتۇرىسى بولۇشى كېرەك. ئۇ يەھۇدىيلار بىلەن ھېلىقى «يەتتە يىللىق بىر ئەھدە» تۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار ئالدام خالتىغا چۈشكەن بولىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى ئاشۇ «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ (ئىنجىل، «ۋەھ.» 1:11-2-ئايەتتە بۇ ۋاقىت «يەتتە يىلنىڭ ئوتتۇرىسى» دېيىلگەن. شۇنى كۆرۈڭ).

پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ئاسارىتى ئاستىغا چۈشىدۇ. بۇ ئايەت بويىچە، پەقەت «ئېدوملار، موئابلار ۋە ئاممونىنىڭ چوڭلىرى» بىخەتەر قالىدۇ. بۇ ئۈچ مىللەت ھازىرقى ئەھۋال بويىچە بولغاندا ئىئوردانىيە دېگەن دۆلەتنىڭ تەۋەسىدە بولىدۇ. ئىئوردانىيەگە قاچىدىغان كىشىلەر بەلكىم بىخەتەر قالىدۇ.

(42-ئايەت) «شىمالىي پادىشاھ بارلىق دۆلەتلەرگە قولىنى سوزىدۇ، مىسىر زېمىنىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» «دانىيال» 7-باباتا، دەججال «ئون پادىشاھلىق»نى ئۆز قولىغا ئالىدۇ، دېيىلىدۇ. بۇ جەريان ئۇنىڭ ئۇلاردىن ئۈچ پادىشاھلىقنى باستۇرۇشى بىلەن باشلىنىدۇ، دەپمۇ ئۇقتۇرۇلىدۇ. تۆۋەندىكى 42- ھەم 43-ئايەتلەردە، ئۈچ پادىشاھلىق – يەنى مىسىر، لىۋىيە ۋە ئېفىئوپىيە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇلار «ئاۋۋالقى ئۈچ پادىشاھلىق»مۇ؟

(43-ئايەت) «ئۇ مىسىرنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش بايلىقلىرى ۋە باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملىرىنى تالان-تاراج قىلىدۇ. لىۋىيەلىكلەر ۋە ئېفىئوپىيىلىقلار ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئەگىشىدۇ» ــ قارىغاندا ئافرىقا دەججالغا ئاۋۋال ئەگىشىدۇ.

(44-ئايەت) «كېيىن شەرق ۋە شىمالدىن كەلگەن شەپىلەر ئۇنى ئالاقزادە قىلىدۇ. ئۇ تېخىمۇ دەرغەزەپ بولۇپ نۇرغۇن كىشىنى قىرغىنچىلىق قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ.»

(45-ئايەت) «ۋە دېڭىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆركەم مۇقەددەس تاغ تەرىپىگە ئوردا چېدىرلىرىنى تىكىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەجىلى شۇ يەردە توشىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنى قۇتقۇزمايدۇ» ــ قارىغاندا ئۇ يېرۇسالېمنى ئۇنىڭ چوڭ قارارگاھى (بازىسى) قىلىدۇ. «كۆركەم مۇقەددەس تاغ» يېرۇسالېم قۇرۇلغان «زىئون تېغى»نى كۆرسىتىدۇ. «دېڭىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا» بەلكىم «ئۆلۈك دېڭىز» ۋە «ئوتتۇرا دېڭىز» ئوتتۇرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنجىل، «ۋەھ.» 1:11-2-ئايەتكە ئاساسەن، دەججال ئىبادەتخانىنىڭ سىرتقى ھويلىسىنى ئىشغال قىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، بۇ ئۇچۇر دەججال ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى يېرۇسالېمدا چوقۇم يېڭى بىر ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسرائىلنىڭ بۈگۈن مۇنداق پىلانى بارلىقى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايان.

«لېكىن ئۇنىڭ ئەجىلى شۇ يەردە توشىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنى قۇتقۇزمايدۇ» ــ دەججال ۋەيران قىلىنىدۇ. مۇقەددەس كىتابنى تەتقىق قىلىدىغان نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆزقارىشىچە، بۇ ئايەت دەججالنىڭ «يەتتە يىل»نىڭ ئوتتۇرىسىدا («يەتتە يىل»نىڭ ئاخىرىدا ئەمەس) ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنجىل «ۋەھ.» 3:11-، 12- ھەم 14-ئايەتنىڭ دېيىشىچە، ئۇ شەيتان تەرىپىدىن ئۆلۈمدىن تىرىلىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئاخىرىدا مەسىھ ئەيسا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ دوزاققا تاشلىنىدۇ.

12-باب

(1-ئايەت) «ئۇ چاغدا، قېرىنداشلىرىڭنى «قوغدىغۇچى ئۇلۇغ ئەمىر» مىكائىل مەيدانغا چىقىدۇ».

«ئۇ چاغدا» دېگىنى، دەججالنىڭ يېرۇسالېمنى ۋە شۇنداقلا ئىبادەتخانىنى ئىشغال قىلىدىغان ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى «يەتتە يىل»نىڭ ئوتتۇرىسىدا. مۇشۇ ئايەتتىكى مىكائىل دېگەن «ئەمىر» مۇقەددەس كىتابنىڭ دانىيال قىسمىدىن باشقا جايلىرىدىكى چۈشەنچە بويىچە «باش پەرىشتە»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا مىكائىل نېمە ئۈچۈن «مەيدانغا چىقىدۇ»؟ ئىبرانىي تىلىدا بۇ سۆز يەنە «ئورنىدىن تۇرىدۇ» دېگەننىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ يەردە بۇ ئىبارە چوقۇم ئۇنىڭ ئىسرائىلنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىشىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ قوغداش خىزمىتىنىڭ كۆپىنچىسى شۈبھىسىزكى، ئىسرائىلنى شەيتاننىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرىدىن قوغداشتىكى كۆرۈنمەس جەڭدۇر.

«بىر ئازابلىق مەزگىل بولىدۇ؛ يۇرت-دۆلەت بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، شۇنداق چوڭ بالايىئاپەتلىك مەزگىل بولۇپ باقمىغان. بىراق شۇ چاغدا خەلقىڭ قۇتقۇزۇلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نامى ھاياتلىق دەپتىرىگە پۈتۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ».

تەۋراتتىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەم ئىنجىلنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى بۇ «ئازابلىق مەزگىل» (ئىنجىلدا «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) توغرۇلۇق سۆز قىلىدۇ. ئۇ يەنىلا ئاشۇ «ئۈچ يېرىم يىل» («يەتتە يىل»نىڭ ئىككىنچى يېرىمى)، يەنى 1260 كۈن بولىدۇ. تەۋراتتىكى پەيغەمبەر زەكەرىيانىڭ سۆزىگە ئاساسەن، شۇ ئازابلىق مەزگىلدە نۇرغۇن يەھۇدىيلار مەسىھكە ئېتىقاد باغلايدۇ («زەك.» 12-باب).

(2-ئايەت) «تۇپراقتا ياتقان ئۆلۈكلەردىن نۇرغۇنلىرى تىرىلىدۇ. ئۇلار مەڭگۈلۈك ھاياتتىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ قالغانلىرى نومۇستا ھەم مەڭگۈلۈك رەسۋاچىلىققا تىرىلىدۇ» ـ بۇ ئايەت ئاخىر زاماندا ئىككى قېتىملىق تىرىلدۈرۈلۈشنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خەۋەرنى بىزگە يەتكۈزىدۇ. بىرىنچى تىرىلىش ـ ھەققانىيلارنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر؛ ئىككىنچى

تىرىلىش بولسا خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتىگە ئىشەنمەي ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلارنىڭ سوتقا يۈزلىنىشى ئۈچۈندۇر. بىز مۇشۇ يەردە يەنە دەيمىزكى، ھەققانىيلىق ھەم شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ھايات پەقەت خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئەيسا ئارقىلىقلا ئېرىشىلىدۇ.

(3-ئايەت) «ئاقىللار ئاسماندىكى گۈمبۈزدەك پارلاق جۇلالىنىدۇ؛ نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەققانىيلىق يولىغا باشلاپ كىرگەنلەر يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئەبەدىلئەبەد پارلاپ تۇرىدۇ» ــ بىزنىڭ ھاياتىمىز قانداق ئۆتكۈزۈلمەكتە؟ 9-بابتا دېيىلگەندەك، مەسىھ كەلتۈرىدىغان «مەڭگۈلۈك ھەققانىيلىق» يولىنى بىلەمدۇق؟ ئەگەر ئۆزىمىز بىلمىسەك، قانداقمۇ باشقىلارنى ئۇ يولنى تېپىشقا يېتەكلىيەلەيمىز؟

(4-ئايەت) «ئى دانىيال، سەن ئەمدى بۇ سۆزلەرنى توختات (ياكى «يوشۇرۇپ قوي»)؛ مەزكۇر كىتابنىڭ تاكى دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە شۇ پېتى تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنى پېچەتلەپ مۆھۈرلىۋەتكىن. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيان-بۇيان يۈرىدۇ ۋە بىلىم ئاشىدۇ» ــ بۇ بىر «بەتلىك» كىتاب ئەمەس، بەلكى بىر «ئورام يازما» ئىدى. مۇنداق بىر «ئورام يازما»نى مۆھۈرلەشنىڭ نەتىجىسى، بۇ پېچەتلەرنى بۇزماي تۇرۇپ ھېچكىم ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، (1) كىتابتىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى خۇدا ئاشكارىلىمىغۇچە ھېچكىم بېشارەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. (2) بېشارەت قىلىنغان ئىشلار يۈز بېرىشى بىلەنلا بېشارەتلەرنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئىنجىل «ۋەھىي» قىسمى، 4-، 5-بابتىن كۆرىمىزكى، بۇ بېشارەتلەرنىڭ ۋە ھەممە باشقا بېشارەتلەرنىڭ پېچەتلىرىنى ئاچىدىغان كىشى ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئەرشكە قايتقان مەسىھ ئەيسادۇر.

«نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيان-بۇيان يۈرىدۇ ۋە بىلىم ئاشىدۇ» ــ بۇ كىشىلەر «ئۇيان-بۇيان يۈرىدۇ»، بۇ بەلكىم «دانىيال»نى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر، ئۇلار شۇنداق قىلىپ «بىلىمنى ئاشۇرىدۇ». بىراق ئېھتىمالغا تىخىمۇ يېقىنكى، بۇ بېشارەت بۇ ھازىرقى زاماندىكى قاتناش قۇراللىرىنىڭ سۈرئىتىنىڭ ئېشىشى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «جاھان كېزىش»لىرى ۋە «بىلىم پارتلىشى»، يەنى بىلىمنىڭ غايەت زور ئاشۇرۇلۇشى (ئىلىم-پەن، تىبابەتچىلىك، تارىخىي بىلىم، قاتارلىق)

نى كۆرستىشمۇ مۇمكىن. بۇ ئىشلار بىزنىڭ ئاخىر زامانغا يېقىنلاشقانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ بېشارەت يەنە «ئاموس» 9:11-12 بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

5- ۋە 6-ئايەتتە، دانىيال سۇ ئۈستىدە تۇرغان پەرىشتىدىن بۇ ئىشلار (قورقۇنچلۇق زىيانكەشلىك ۋە «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»)غا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ، دەپ سورايدۇ. پەرىشتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ (قەسەم بىلدۈرۈش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا: ــ «بىر ۋاقىت، ئىككى ۋاقىت، قوشۇمچە يېرىم ۋاقىت كېتىدۇ» (يەنى ئۈچ يېرىم يىل، 1260 كۈن)، دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە: ــ «خۇدانىڭ مۇقەددەس خەلقى ئۇچراۋاتقان خورلۇق ئاخىرلاشقاندا، بۇ ئىشلار تۈگەيدۇ» ــ دەيدۇ. بۇ مەزگىل بولسا يەھۇدىي خەلقىنى تاۋلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھەم دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھگە ئېتىقادقا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. دانىيال تېخى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ سەۋر-تاقەت ھەم ئىزدىنىشتە بولۇشى كېرەك، چۈنكى بۇ بېشارەتلەر ئاخىرغىچە يېپىقلىق تۇرىدۇ. دانىيالغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ــ

(9-ئايەت) «ئەي دانىيال، يولۇڭغا ماڭ، چۈنكى بۇ سۆزلەر ئاخىر زامانغىچە مەخپىي تۇتۇلۇپ يېپىقلىق تۇرىدۇ».

(10-ئايەت) «نۇرغۇن كىشىلەر تازىلىنىدۇ، پاكلىنىدۇ ۋە تاۋلىنىدۇ. رەزىللەر بولسا، داۋاملىق رەزىللىك قىلىۋېرىدۇ؛ ئۇلاردىن ھېچكىم بۇنى چۈشەنمەيدۇ، بىراق ئاقىللار چۈشىنىدۇ» ــ بارلىق ئىنسانىيەت ئىككى يۆنىلىشتىن بىرىدە ماڭىدۇ ــ ياكى تاۋلىنىپ پاكلىنىشقا ھەم ئاقىلانە بولۇشقا ماڭىدۇ ياكى يامان-رەزىللىك يولىغا ماڭىدۇ. قەدىرلىك كىتابخان، سىز قايسى تەرەپكە ماڭىسىز؟

(11-ئايەت) «كۈندىلىك قۇربانلىق سۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان كۈندىن تارتىپ، يەنى «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» قويۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان كۈن ئۆتىدۇ».

(12-ئايەت) «ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ، بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز بەش

كۈننى كۈتۈپ ئۆتكۈزگەنلەر نىمىدېگەن بەختلىك-ھە!» ـ بۇ 1260 كۈنگە قوشۇلدىغان قوشۇمچە 30 كۈن، ئاندىن يەنە قوشۇمچە 45 كۈندە ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ بۇ بۇگۈنگە قەدەر چوڭ بىر سىر بولۇپ كەلدى. سەۋر-تاقەت، ئىشەنچتە بولغانلار بىر كۈنى بۇنى بىلىدۇ!

(13-ئايەت) «ئەمما سەن بولساڭ، ئاخىرغىچە يولۇڭدا مېڭىۋەرگىن. سەن ئارام تاپىسەن، ۋە كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا نېسىۋەڭگە مۇيەسسەر بولۇشقا قايتا تىرىلىسەن».

دانىيال نەگە بارىدىغانلىقىنى، ھەم ئۆزىنى ئارام-تىنچلىق ۋە ئىنئاملارنىڭ كۈتىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇلار توۋا قىلىپ خۇدا ئەۋەتكەن مەسىھكە تايانغان بارلىق كىشىنىمۇ كۈتىۋاتىدۇ! قەدىرلىك كىتابخان، خۇدا سىزگە مېھرى-شەپقەت كۆرسەتكەي، ھاياتلىق يولىغا كۆزۈڭىزنى ئاچقاي!

ئامىن!




دانىيال پەيغەمبەر ئالدىن ئېيتقان
بىرىنچى ئىمپېرىيە - بابىلونىيە




دانىيال پەيغەمبەر ئالدىن ئېيتقان

ئىككىنچى ئىمپېرىيە - پارس




دانىيال پەيغەمبەر ئالدىن ئېيتقان ئۈچىنچى ئىمپېرىيەسى
- گرېتسىيە (يۇنان، جاۋان)




دانىيال پەيغەمبەر ئالدىن ئېيتقان
تۆتىنچى ئىمپېرىيەسى - رىم

تەۋرات 28-قىسىم

# «ھوشىيا»

## (ھوشىيا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### پەيغەمبەر توغرىسىدا

بىز ھوشىيا پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسىنىڭ «بەئەرى» ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدىن سىرت، ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇ ئىسرائىلنىڭ («شىمالىي پادىشاھلىق» ياكى «ئەفرائىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شىمالىي پادىشاھلىقىدا بېشارەت بەرگەن. ئۇنىڭ بەرگەن بەزى بېشارەتلىرى يەھۇدا (جەنۇبىي پادىشاھلىق) توغرۇلۇقتۇر.

### يېزىلغان ۋاقىت

ھوشىيا يەھۇدانىڭ تۆت پادىشاھىنى ۋە ئىسرائىلنىڭ بىر پادىشاھىنى تىلغا ئالىدۇ، ئۇ مۇشۇ پادىشاھلارنىڭ دەۋرىدە بېشارەتلەرنى بەرگەن. ھوشىيانىڭ بىرىنچى ئوغلى تۇغۇلغاندا، ئۇ ئىسرائىلدىكى «يەھۇ سۇلالىسى»نىڭ ئاخىرلىشىشى، يەنى «يەروبوئام II»نىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەن. شۇڭا بىلىمىزكى، ئۇنىڭ بېشارەتلىرى شۇ پادىشاھنىڭ ئۆلۈمىدىن ئاز دېگەندە بىر يىل ئىلگىرى، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 754-يىلى باشلانغان. ئۇ ئاز دېگەندىمۇ يەنە 40 يىلغىچە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 715-يىلىغىچە داۋاملىق بېشارەت بەرگەن. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتى

ئىسرائىلنىڭ شىمالىي قەبىلىلىرىنىڭ ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى، دېمەك ئىسرائىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئالتە پادىشاھلىقىنىڭ قالايمىقان دەۋرلىگىچە يەتكەن. بىراق ئۇ بىراق ئۇ پادىشاھلىقنىڭ بۇ ئالتە پادىشاھىدىن ھېچقايسىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغۇچىلىقى يوق دەپ قارىغان بولسا كېرەك. ئۇ ئاموس، مىكاھ ھەم يەشايا پەيغەمبەر بىلەن زاماندىش ئىدى؛ ئاموسقا ئوخشاش ئۇنىڭ بېشارەتلىرىمۇ شىمالىي پادىشاھلىققا قارىتىلغان. ھوشىيا پەيغەمبەر ئاموسنىڭ بەزى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

## تېما

بالا ۋاقتىمىزدا چوڭلارنىڭ دۇنياسى بىزگە بەك غەلىتە ۋە سىرلىق تۇيۇلاتتى. ھەممىدە ئۇلار بەلگىلىمىلەرنى بېكىتەتتى – بۇ نېمىدېگەن زور كۈچ-ھوقۇق-ھە! ئۇلارنىڭ يەنە پۇل-دۇنياسى بار (ئۇلاردا چوقۇم پۇل بار دەپ ئويلايتتۇق) – «بۇ نېمىدېگەن زور ئەركىنلىك-ھە! ئۇلار نېمىشقا بۇ پۇلنى ئويناشقا خەجلىمەيدىغاندۇ؟!» دەپ ئويلايتتۇق. ئەگەر بىزدە شۇنچە كۈچ-ھوقۇق، شۇنچە كەڭ ئەركىنلىك بولغان بولسا، بىز باللار نېمە ئىشلارنى قىلالايتتۇقكىن تاڭ!

بىز چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىشلارنىڭ ھازىر ئۆزىمىزنىڭ باللىرىمىزغا كۆرۈنگەندەك ئۇنچە ئاددىي بولمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. «كۈچ-ھوقۇق» سېھىرلىك بىر ئەڭگۈشتەر ئەمەس. بىراق بىزنىڭ خۇدا توغرۇلۇق بولغان ئوي-پىكرىمىز باللارچە ئاددىي بولۇشى مۇمكىن – «خۇدا شۇنچە زور كۈچ-ھوقۇققا ئىگە، ئۇنىڭدا خالىغانچە ئىشلىتەلەيدىغان شۇنچە بايلىق-ئەركىنلىك بارغۇ... ئەگەر خۇدا دەرۋەقە «ھەممىگە قادىر»، شۇنىڭدەك «ھەممىدىن مېھرىبان» بولسا، ئۇ نېمىشقا رەزىللىكنى دۇنيادىن بىراقلا ئېلىپ تاشلىمايدۇ؟ نېمىشقا ھەممە ئادەمنى بىراقلا «دۇرۇس» قىلىۋەتمەيدۇ...؟».

ھوشىيا پەيغەمبەر بىزگە بۇ مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى – يەنى، خۇدانىڭ تەرىپىنى – بىزگە ئېچىپ بېرىدۇ. خۇدا ھوشىيا ئارقىلىق بىزگە بەختسىز بىر ئائىلىنى تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ئائىلە پەقەت بەختسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى ئېغىر مەسىلىگە دۇچ

كەلگەن بىر ئائىلە – خۇدانىڭ ئۆز ئائىلىسىدۇر. خۇدا ئۆزىنى مۇشۇ مەسىلىلىك ئائىلىدىكى ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈشكە پېتىنالمايدىغان مۇستەبىتكە، ياكى ئۆزىنى ئىنتايىن سۆيىدىغان بالا-چاقىلىرى بار بىر ئاتىغا ئەمەس، بەلكى ئايالى تاشلاپ كەتكەن بىر ئەرگە، ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ ياتتەك بولۇپ قالغان، بالىلىرى تېزلا ھالاكەتكە ماڭىدىغان بىر ئاتىغا ئوخشىتىدۇ.

ئەمدى مۇشۇنداق ئەھۋالدا خۇدانىڭ «ھەممىگە قادىر» بولۇشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قالتىس تەدبىرلىرىنىڭ نېمە رولى بولسۇن؟ بۇنداق ئائىلىدىكى مەسىلىگە «پاسسىپ چىداش» توغرا ئامال ئەمەس، بۇنىڭدىن ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق زور كۈچ-ھوقۇقنى كۆرسىتىدىغان «زورلۇق» تاكتىكىلارمۇ توغرا ئامال ئەمەس. مۇشۇنداق قورقۇتۇشنىڭ نەتىجىسى ئايالنىڭ «دېدەكتەك» تىترىشى، بالىلارنىڭ دەھشەت-قورقۇنچتىن بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىشى بولىدۇ، خالاس. مۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە تۇرغان نىكاھ ۋە ئائىلە تولىمۇ مۇھەببەتسىز ۋە ئەھمىيەتسىزدۇر. ئەر-ئاياللىق ۋە ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتلەر مۇشۇنداق بۇزۇلغان بولسا ئۇنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامال يوقتۇر – ھەتتا «ھەممىگە قادىر» ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر.

ئويلىمىغان يەردىن، ھوشىيادەك ئىغىر-بېسىق بىر پەيغەمبەرگە خۇدا توساتتىن مۇنداق دەيدۇ: «بارغىن، پاھىشە ئايالنى ئۆز ئەمرىڭگە ئالغىن» – چۈنكى (قىسقارتىپ ئېيتىندى) «مەن ئۆزۈم سىلەر ئىسرائىل بىلەن ۋەدىلىشىپ ئەھدىلەشكىنىمدە، مەنمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشنى قىلغان». شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ بۇ دەرد-ئەلەملىك ئىشلىرى ھوشىيادا ئەينەن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇلىدۇ (1-باب، 2-ئايەت).

بىز ئويلايمىزكى، ھوشىيانىڭ كۆڭلىدە بۇ بىچارە ئالا كۆڭۈل ئايال گومەرگە نىسبەتەن ئاللىقاچان بىرخىل مۇھەببەت پەيدا بولغان بولسا كېرەك (مۇھەببەت يوللىرى ئىنتايىن سىرلىقتۇر) بىراق خۇدا باشتىن باشلاپ ئۇنىڭغا گومەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى – شۇڭا ھوشىيا چوقۇم دەسلەپتە بۇ نىكاھغا نىسبەتەن: «نىكاھىمىز ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. گومەر سۆيۈق، ئالاكۆڭۈل بىر ئايال، ئۇ ھە دېگەنىدىلا ھوشىيانى تاشلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار ئائىلە قۇرۇشقا باشلىدى؛ ئۇ ھوشىيادىن بىر ئوغۇل تۇغدى. كېيىن يەنە ئىككى بالا تۇغۇلدى – ئۇلار

هوشىيانىڭ ئەمەس ئىدى. گومەر دەرۋەقە ئۇنى تاشلاپ كەتتى، هوشىيانى رەسۋا قىلدى ــ بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي گومەر ئۆزىنىمۇ رەسۋا قىلدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئاشنىسى ئۆزگە ئوخشاش ئەرزىمەس ۋە ئىنساپسىز بىر كىشى بولۇپ چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي گومەر ئۇنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ ماڭدىغان بىر قۇلى ۋە مەھبۇسى بولۇپ قالدى. گومەر ئۆزىگە قايتىشنىمۇ ئويلىمايتتى؛ قايتىش ئىمكانىيىتىنىمۇ قەتئىي يوق، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. كېيىن ئۇنى ئىزدەپ بارغىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئېرى هوشىيا بولدى؛ هوشىيا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ئۇنى ئۆيگە قايتىشقا ئىشەندۇرۇشى كېرەك بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە گومەرنى قۇللۇقتىن سېتىۋېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسان ئەمەس ئىدى؛ ئۇ ھەقنىڭ بىر قىسمىنى پۇلدا، بىر قىسمىنى تاۋاردا تۆلىدى. بۇ پەقەت بىر «قايتۇرۇۋېلىش سودىسى» ئەمەس ئىدى؛ چۈنكى خۇدا ئۇنىڭغا: «بارغىن، يەنە ئاشنىسى تەرىپىدىن سۆيۈلگەن ۋە زىناخور بىر ئايالنى سۆيگىن؛ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلغا (گەرچە ئۇلار يات ئىلاھلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ) كۆرسەتكەن سۆيگۈسىدەك (ئۇنى) سۆيگىن» (1:3)

بۇنداق «ئۈچ بۇلۇڭلۇق مۇھەببەت»نى ھەل قىلىشتا بىز «كۈچ-هوقۇق»نىڭ ياكى زورلۇقنىڭ ئاز ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز؛ چۈنكى «كۈچ-هوقۇق»نىڭ ئۆزى يالغۇز هېچنېمىنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئورنىدا ئازاب-ئوقۇبەت، ئىزا-ئاھانەت، سەۋر-تاقەتلىك كۈتۈش، يۈز تۆرانە سۆزلىشىش، يېلىنىپ-يالۋۇرۇشلا ئاخىرىدا بىر-بىرىگە قايتىدىن باغلىنىشنى ئېلىپ كېلىدۇ. خۇدا ئىنسانغا ئەركىنلىك ۋە تاللاش يولىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىمۇ مۇشۇ ئەركىنلىكنى هېچقاچان دەپسەندە قىلىپ باقان ئەمەس.

مۇناسىۋەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ بەدەل تۆلەش كېرەك؛ ئەڭ ئېغىر بەدەل پۇل ئەمەس، بەلكى رەت قىلىشقا ياكى «كونا زىددىيەتكە تېگىش»تىن چىققان خاپىلىققا تەۋەككۇل قىلىش، ئۇقۇشماسلىقلارنى ئاستا-ئاستا يوقىتىش، مۇناسىۋەتنىڭ داۋاملىشىشىغا ۋە تېخىمۇ گۈللىنىشىگە ئاخىرغىچە بەل باغلاشتىن ئىبارەتتۇر. «مەن ئۇنى ئۆزۈمگە بەند قىلىمەن ...مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە سۆزلەيمەن...» ــ دەيدۇ خۇدا، ۋە: «مەن سېنى ئەبەدىلئەبەد ئۆزۈمگە باغلايمەن» (14:2، 19). هوشىيا ئايالغا ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن بىللە بولمايدىغانلىقىنى، گومەرنىڭمۇ

باشقىلار بىلەن بولماسلىقنى ئېيتىدۇ: ــ «مەن ئۇنىڭغا «سەن مەن ئۈچۈن ئۇزۇن كۈنلەر كۈتىسەن؛ سەن پاھىشىلىك قىلمايسەن، سەن باشقا ئەرنىڭكى بولمايسەن؛ مەنمۇ سەن ئۈچۈن ئوخشاشلا كۈتىمەن» ــ دېدىم» (3:2-3).

مانا بۇ ئالدىنقى ئۈچ بابنىڭ ھېكايىسى ۋە كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمى. ئىككىنچى قىسمى ھوشىيا پەيغەمبەرنىڭ ھەرقايسى يەردە ۋە سورۇندا يەتكۈزگەن بىر قاتار ئايرىم-ئايرىم خەۋەر-بېشارەتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۇمكىن (يەنە ئون بىر باب). مۇشۇ يەردە دىگۈمىز كېلىدۇكى، ھوشىيانىڭ نىكاھىدىكى چوڭقۇر ئازاب ۋە دەرد-ئەلەملىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇدادىن كەلگەن خەۋەرلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ خەۋەرلەردىكى كۈچلۈك قىزغىنلىق، ئۆتۈنۈش، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە چوڭقۇر دەردلەرنى ئاۋۋال چۈشىنىشكە، ئاندىن يەتكۈزۈشكە لايىق قورال بولۇپ چىقتى. پەيغەمبەرلەر ھەرگىز «كەچلىك خەۋەر دىكتورى»ى ياكى خۇدانىڭ «مىكروفون»ى ئەمەس. خۇدا ئۆز خەلقىگە كۆيۈنىدىغان ئادەملەرنى ئىشلىتىدۇ؛ ئۇلار ئېيتقان ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ يەتكۈزىدىغان خۇدانىڭ سۆز-كالامىنىڭ كۆپ تەرەپلەردە جىسمانىي بىر ئىپادىسى بولىدۇ؛ دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرى شۇ سۆز-كالام بىلەن «بىر بولىدۇ».

بۇ جەھەتتىن ۋە باشقا كۆپ جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، خۇدانىڭ تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ خىزمەتلىرى ئارقىلىق كۆرسەتكەن ئاخىرقى، شۇنداقلا ئەك ئۇلۇغ مەقسىتى بولسا مەسىھ ئەيسانىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تەييارلىق كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزى «خۇدانىڭ سۆزى» «كالام» دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ بىزگە يەتكۈزمەكچى بولغان خۇش خەۋىرىدۇر. ئىنجىلدا: «»كالام ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ماكانلاشتى؛ ۋە بىز ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە قارىدۇق ــ ئۇ شان-شەرەپ بولسا، ئاتىنىڭ يېنىدىن كەلگەن، مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتكە تولغان بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنىڭكىدۇر» – دەپ خاتىرىلەنگەن.

«ھوشىيا پەيغەمبەر» كىتابىغا قايتىپ كەلسەك، بىز ئۇنىڭ بېشارەتلىرىدىن شۇنى چۈشىنىپ يېتىمىزكى، خۇدا، خۇدانىڭ ئۆز خەلقى ئىسرائىل ۋە ئىسرائىلنىڭ كۆڭلىنى ئازدۇرماقچى بولغان «خۇدانىڭ رەقىبلىرى» (يەنى ھەرخىل بۇتلار) ئارىسىدىكى

مۇناسىۋەت ئاددىي بىر «ئۈچ بۇرجەكلىك» مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى «كۆپ تەرەپلىك» مۇناسىۋەتتۇر؛ ئىسرائىلنىڭ كۆڭلى كۆپ تەرەپكە تارتىدۇ: —

(1) ھەرخىل بۇتلارغا، بولۇپمۇ «بائال»لارغا چوقۇنۇش؛ (بۇ چوقۇنۇش خۇداغا ۋاپاسىزلىق بولۇپ، روھىي جەھەتتە پاھىشىلىك ھېسابلىنىدۇ).

(2) چىرىكلىك. كاھىنلارنىڭ ئۆز ئىمتىيازلىرىنى ئۆز مەنپەئەتىگە ئىشلىتىشى؛

(3) خۇداغا تايانماي، باشقا بۇتپەرەس ئەللەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش؛

(4) ھەرخىل زۇلۇم-زوراۋانلىق ۋە زىناخورلۇق؛

بۇنىڭغا قارىتا خۇدانىڭ ئىنكاسى: «مەيلى، ئۇلار قۇرۇپ كەتسۇن» دېگەن بولسا ئادىل بولاتتى. بىراق ئۇ ئىسرائىل بىلەن مۇسا ئارقىلىق ئەھدە تۈزگەندى؛ ئەر ئۆز ئايالىغا ئەھدە تۈزگەندەك، ئۇ ئۇلارغا نىسبەتەن ھەردائىم ئەھدىسىدە تۇرغۇچى خۇدادۇر. ئۇ ئۆتۈندۇ، ئۆكۈندۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا زور كۈچى بىلەن قول سالىدۇ، ئۆز ھۆكۈملىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ بىر كۆپ قېتىملاپ جازا ئېلىپ كېلىدىغان ئاخىرقى سۆز ھازىر ئېيتىلىپ بولدى، دەپ ئويلايمىز، ئاندىن خۇدا يەنىلا ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت، توۋا قىلىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

ئۆز جەمئىيىتىمىزدە كۆرۈلگەن قالايمىقانچىلىققا قارىتا تەدبىر قوللىنىشتا مۇنداق ئۈچ خىل پىكىر ئېقىمى بار: بىرى: — «تەمكىن بولايلى» «بىز ئارىلاشمىساقچۇ، بۇ ئۇنسۇرلار ئۆز بېشىنى يەيدۇ، ئۆز پالتىسى بىلەن ئۆز پۇتىنى چاپىدۇ». يەنە بىرى: «قاتتىق قوللۇق بولمىساق بولمايدۇ — تېخىمۇ چىڭ تۇزۇم، تېخىمۇ كۈچلۈك تەربىيە، تېخىمۇ قاتتىق جازالار كېرەك» — دەيدۇ. ئۈچىنچى بىر ئېقىم: «رەھىمدىل بولايلى — بىز يولدىن چىققانلارغا مۇلايىملىق، رەھىمدىللىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. خەقلەرنىڭ ۋىجدانىغا سۆز قىلىشىمىز كېرەك» — دەيدۇ. بۇ تەدبىرلەردىن بىرى يەككە-يېگانە ئىشلىتىلسە، ھەرگىزمۇ كۈپايە قىلمايدۇ، شۇنىڭدەك ئانارخىزم-ھۆكۈمەتسىزلىككە، ئىچكى ئۇرۇشقا ياكى مۇشتۇمزورلۇققا چوڭ بىر يوچۇقنى قالدۇرىدۇ. قارىغاندا بۇ ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تەدبىردىن بولغان بىر يۇغۇرۇلمىنى ئىشقا سېلىش كېرەك؛ بۇ مۇرەككەپ بىر مەسىلە ئۈچۈن مۇرەككەپ بىر خىل ئامال ھېسابلىنىدۇ.

خۇدا ھوشىيا ئارقىلىق ئۆزىنى «تەمكىن» كۆرسىتىدۇ: «ئۇ ئۆزىنى تارتىپ ئۇلاردىن يىراقلاشتى» (6:5). «ئەفرائىم بۇتلارغا چاپلاشتى؛ ئۇنىڭ

بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسۇن!» (17:4)، «ئۇلار شامال تېرىغان، ئەمدى قارا قۇيۇننى ئورىدۇ» (7:8)؛ ئۇ يەنە ئۆزىنى «قاتتىق قوللۇق» كۆرسىتىدۇ: «مەن ئەفرائىمغا شىردەك بولىمەن»، «ئۇ ئۇلار (ئىسرائىل)نىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى جازالايدۇ» (14:5، 9:9)؛ شۇنىڭدەك بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ «مۇلايىم، رەھىمدىل»لىقىنى ئىپادىلەيدۇ: — «مەن قانداقمۇ سېنى تاشلاپ قويىمەن، ئى ئەفرائىم؟»، «مەن ئۇلارنى «ئارقىغا چېكىنىشلىرىدىن» ساقايتىمەن» (4:14، 8:11). دېمەك، خۇدانىڭ رەھىمدىل مېھرى-شەپقەتلىرىنى كۆرسىتىش جەھەتتە پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىن ھوشىيانىڭ ئالدىدا تۇرىدىغىنى يوق.

ھوشىيا ۋە گومەرنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالى قانداق بولدى؟ ئۇ بۇ ھېكايىنىڭ ئايىغىنى ئېيتمايدۇ؛ ھوشىيانىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆزى توغرۇلۇق ئەمەس، بەلكى خۇدا توغرۇلۇق خەۋەرنى بىزگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. بىراق خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاخىر بېرىپ (ئاخىرقى بابتا) ئىسرائىلنىڭ چىن دىلىدىن تۇۋا قىلىپ ئۆز يېنىغا قايتىشى بىلەن ئاخىرلاشقاندەك، ھوشىيانىڭ گومەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشاشلا بەختلىك ئاخىرلاشقان دەپ ئۈمىد قىلىشقا پېتىنالايمىز. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە ئىسرائىلنىڭ كېلەچىكى ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز.

ئىسرائىللار خۇدانى ۋە ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ «دىنىي» پائالىيەتلىرىنى ئاۋۇتقان. ئۇلار دائىم: «بىز تېخىمۇ كۆپ قۇربانلىقلارنى ئېلىپ كېلىمىز» دەپ ئويلايدۇ. خۇدا ئۇلار توغرىسىدا: «ئۇلار قۇربانلىقلارغا ئامراق» — دەيدۇ. «ئۇلار قوي پادىلىرى ۋە كالا پادىلىرىنى ئېلىپ پەرۋەردىگارنى ئىزدەشكە بارىدۇ» — بىراق ئۇنى ئىزدەپ تېپىش يولى ئۇ ئەمەس. بۇلار پەقەت نەرسىلەرلا، خالاس - خۇدا ئادەملەرنى خالايدۇ — يەنى چىن كۆڭلىدىن تۇۋا قىلغان، ئۆزلىرىنى خۇداغا بېغىشلىغان، پۈتۈنلەي ۋە مەڭگۈ ئۆزىنىڭكى بولغان ئادەملەرنى خالايدۇ. كىتابدىكى بارلىق قاتتىق تەنقىدلەر، كىنايىلىك تەسۋىرلەشلەر، قورقۇنچلۇق بېشارەتلەر ۋە جىددىي ئۆتۈنۈشلەر دەل مۇشۇ مەقسەتنى كۆزدە تۇتىدۇ. كىتاب بۇ دەرد-ئەلەملەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

مېۋىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ؛ خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان بۇ بەختسىز نىكاھى، هوشىيانىڭكىدەك جىددىيچىلىك ۋە ئاسىيلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئارامخۇدالىق، خاتىرجەملىك، خۇشاللىق بىلەن تولغان بىر نىكاھ بولىدۇ. خۇدا نىڭ ئىسرائىل بىلەن نىكاھ مۇناسىۋەتىدىكى «زىمىستان قىش» ئۆتۈپ، گۈللەر بەرق ئۇرۇپ چېچەكلىگەن باهار پەسلى هامان يېتىپ كېلىدۇ. خۇدانىڭ ئۆزگە سادىق بولغان ئايالى ئىسرائىل ئاخىردا ئۆز يېنىدا تۇرىدۇ!

## «بائال»لار توغرۇلۇق

«بائال» توغرۇلۇق ئازراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى. «بائال»، «ئەر» (ئېرىم) ۋە «خوجايىن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەسلىدە خۇدانى تەسۋىرلەشكە ئىشلىتىلىدىغان سۆز ئىدى. قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئىسرائىللاردىن ئىسىملىرى «بائال» دېگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغان ئىسىملار بار ئىدى. شۇ چاغدا بۇ سۆز توغرا مەنىدە ئىشلىتىلگەنىدى. بىراق ئىسرائىلنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ سۆزنى ئۆز بۇتلىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. شۇڭا ئىسرائىل بۇتپەرەسلىككە ئالدىنىپ كەتكەندە: «مانا، «بائال»، يەنى خۇدايىمىز» دېگەن. يات ئەللەر ئۈچۈن «بائال» مول هوسۇلغا ۋە ماللىرىنىڭ ياخشى نەسىللەندۈرۈلۈشىگە كاپالەتچى بولغان. ئۇنى بۇ ئىشلارغا ئوبدان سېلىش ئۈچۈن ئۇلار ئۇنىڭ قۇربانگاهىنىڭ يېنىدا مەخسۇس «بائال»غا ئاتىغان پاھىشە ئاياللار بىلەن ياتاتتى؛ «بائال» بۇ ئىشلارنى كۆرگەندە «ئۆز ۋەزىپىسىنى ئېسىگە ئېلىش كېرەك ئىدى». ئۇنىڭ ئۈستىگە «بائال» «تەلەپ قىلغان قۇربانلىقلار» پەقەت قوي-كالىلا ئەمەس، يەنە ئىنسانلار بولاتتى. «بائال» ئادەتتە موزاي ياكى بۇقا شەكلىدە ياسىلاتتى.

تەرجىمىمىزدە بىز تەۋراتشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن، بولۇپمۇ يەھۇدىي ئالىم «دوكتور ئارنولد فرۇختېنبائۇم»، ئامېرىكىلىق ئالىم «پروفېسسور داۋۇت خۇببارد» ۋە ئەنگلىيەلىق ئالىم «دېرېك كىدنېر»لارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندۇق. مەزكۇر «كىرىش سۆز»دە بىز كىدنېر ئەپەندىمنىڭ «كىرىش سۆز»ىدىن كۆپ سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈردۇق.

## مەزمۇن: ـ

1ـ3 بابلار: ـ مەسلىلەرگە تولغان بىر ئائىلە

4ـ14 بابلار: ـ هوشىيا پەيغەمبەر ئىسرائىلغا يەتكۈزگەن بىرنەچچە خەۋەر-بېشارەتلەر.

# هوشيا

## 1-قىسىم

### هوشيا پەيغەمبەرنىڭ پاھىشە بىر ئايالنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشى

1 [1]پەرۋەردىگارنىڭ كالامى ـ ئۇززىيا، يوتام، ئاھاز ۋە ھەزەكىيالار
يەھۇداغا، يوئاشنىڭ ئوغلى يەروبوئام ئىسرائىلغا پادىشاھ بولغان
ۋاقىتلاردا، كالام بەئەرىنىڭ ئوغلى هوشىياغا كەلدى؛ [2]پەرۋەردىگارنىڭ
هوشىيا ئارقىلىق كەلگەن سۆزىنىڭ باشلىنىشى ـ
پەرۋەردىگار هوشىياغا: «بارغىن، پاھىشىلىككە بېرىلگەن بىر ئايالنى
ئەمرىڭگە ئالغىن، پاھىشىلىكتىن بولغان بالىلارنى ئۆز قولۇڭغا
ئالغىن؛ چۈنكى زېمىن پەرۋەردىگاردىن ۋاز كېچىپ پاھىشىلىككە
پۈتۈنلەي بېرىلدى» دېدى. [3]شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېرىپ دىبلائىمنىڭ
قىزى گومەرنى ئەمرىگە ئالدى؛ ئايال ئۇنىڭدىن ھامىلىدار بولۇپ بىر
ئوغۇل تۇغدى.

[4]پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭ ئىسمىنى «يىزرەئەل» دەپ قويغىن؛
چۈنكى يەنە ئازغىنا ۋاقىت ئۆتكەندە، مەن «يىزرەئەل»نىڭ قېنىنىڭ

---

1:1 **«يوئاشنىڭ ئوغلى يەروبوئام ئىسرائىلغا پادىشاھ بولغان ۋاقىتلاردا...»** ــ «ئىسرائىل»
بۇ كىتابتا ئادەتتە ئىسرائىلنىڭ «شىمالىي پادىشاھلىقى»نى كۆرسىتىدۇ. هوشىيانىڭ بېشارەتلىرىنىڭ
كۆپىنچىسى «شىمالىي پادىشاھلىق» توغرۇلۇقتۇر. بەزى ۋاقىتلاردا «ئىسرائىل» تولۇق ئون ئىككى
قەبىلە (جۈملىدىن يەھۇدا)نى ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا بىز بۇنى كۆچىمىزنىڭ بارىچە
ئىزاھلاپ قويىمىز.
—بۇ كىتابتا ئىسرائىلنىڭ يەروبوئامدىن كېيىنكى پادىشاھلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. پەيغەمبەر بەلكىم
ئۇلارنى تىلغا ئالغۇچىلىقى يوق دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن.
2:1 **«بارغىن، پاھىشىلىككە بېرىلگەن بىر ئايالنى ئەمرىڭگە ئالغىن، پاھىشىلىكتىن
بولغان بالىلارنى ئۆز قولۇڭغا ئالغىن»** ــ بالىلار تېخى تۇغۇلمىغانىدى. بىراق ئۇنىڭ كېيىن
تۇغۇلغان ئۈچ بالىسىدىن ئىككىسى گومەرنىڭ پاھىشىلىكىدىن بولغان.

**ئىنتىقامىنى يەھۇنىڭ جەمەتى ئۈستىگە قويىمەن ۋە ئىسرائىل**
**جەمەتىنىڭ پادىشاھلىقىغا خاتىمە بېرىمەن. 5 ۋە شۇ كۈندە ئەمەلگە**
**ئاشۇرۇلىدۇكى، مەن ئىسرائىلنىڭ ئوقياسىنى يىزرەئەل جىلغىسىدا**
**سۇندۇرۇۋېتىمەن».**

**6 گومەر يەنە ھامىلىدار بولۇپ، قىز تۇغدى. پەرۋەردىگار ھوشىياغا:**
**«ئۇنىڭ ئىسمىنى «لو-رۇھاماھ» دەپ قويغىن؛ چۈنكى مەن ئىسرائىل**
**جەمەتىگە ئىككىنچى رەھىم قىلمايمەن، ئۇلارنى قەتئىي كەچۈرۈم**
**قىلمايمەن؛ 7 بىراق يەھۇدا جەمەتىگە رەھىم قىلىمەن ۋە ئۇلارنىڭ**
**خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ئارقىلىق ئۇلارنى قۇتقۇزىمەن؛ ئۇلارنى**

---

4:1 **«ئۇنىڭ ئىسمىنى «يىزرەئەل» دەپ قويغىن»** ــ «يىزرەئەل» «خۇدا تېرىغان» ياكى «خۇدانىڭ تېرىغىنى» دېگەن مەنىدە، ۋە يەنە «خۇدا تارقىتىدۇ» دېگەن مەنىدە.
—ئىسرائىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى «يىزرەئەل» دېگەن جىلغىدا دەھشەتلىك بىر قىرغىنچىلىق بولغان. يەھۇ ئىسىملىك بىر سەردار ئىسرائىلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھى يەھورامنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، جۈملىدىن رەزىل خانىش يىزەبەلنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىشلار خۇدانىڭ يەھورام ئۈستىگە بولغان جازاسى بولغىنى بىلەن، يەھۇ ئۇچىغا چىققان قانخور ئادەم بولۇپ، خۇدا ئۇنىڭغا تاپشۇرغان جازالىق ۋەزىپىسىدىن ھالقىپ نۇرغۇن گۇناھسىز ئادەملەرنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. گەرچە بۇ ئىش 100 يىل ئىلگىرى بولغان بولسىمۇ، ئىسرائىل ئۇنىڭ گۇناھلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ باقمىغان (تەۋرات، «پادىشاھلار» 9-10-باب). «يىزرەئەل» جىلغىسى گىدېئون ھاكىم بولغان ۋاقىتدا ئىسرائىلنىڭ شانلىق بىر غەلىبىسىنىڭ سورۇنى ئىدى («ھاك.» 6-7-باب)، بۇ جاي يەھۇنىڭ ۋاقتىدا قىرغىن سورۇنى بولغان، كەلگۈسىدە ئىسرائىلنىڭ چوڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ سورۇنى بولىدۇ.
5:1 **«مەن ئىسرائىلنىڭ ئوقياسىنى يىزرەئەل جىلغىسىدا سۇندۇرۇۋېتىمەن»** ــ ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 733-يىلى ئىسرائىلنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا بېسىپ كىرىپ، يىزرەئەل جىلغىسىنى ئىشغال قىلىپ، بارلىق شىماللىقلارنى، جۈملىدىن گىلېئاد ۋە گالىلىيەلىكلەرنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. شۇ ۋەقەلەر بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەربىي كۈچى («ئوقياسى») سۇندۇرۇۋېتىلدى.
6:1 **«گومەر يەنە ھامىلىدار بولۇپ، قىز تۇغدى. پەرۋەردىگار ھوشىياغا: «ئۇنىڭ ئىسمىنى «لو-رۇھاماھ» دەپ قويغىن»... دېدى** ــ «لو-رۇھاماھ» «رەھىم قىلىنمىغان (قىز)» دېگەن مەنىدە.
—«گومەر يەنە ھامىلىدار بولۇپ، قىز تۇغدى». بۇ ئايەتتە 3-ئايەتتىكىگە ئوخشاش «ئۇنىڭغىن ... تۇغدى» دېگەن بىر ئىبارە بولمىغاچقا «لو-رۇھاماھ» ھوشىيانىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس ئىدى.

ئوقياسىز، قىلىچسىز، جەڭسىز، ئاتلارسىز ۋە ئاتلىق ئەسكەرسىز
قۇتقۇزىمەن» ــ دېدى.
8 گومەر لو-رۇھاماھنى ئەمچەكتىن ئايرىغاندىن كېيىن يەنە هامىلىدار
بولۇپ ئوغۇل تۇغدى؛ 9 رەب: «ئۇنىڭ ئىسمىنى: «لو-ئاممى» دەپ
قويغىن؛ چۈنكى سىلەر مېنىڭ خەلقىم ئەمەس ۋە مەن سىلەرگە
پەرۋەردىگار بولمايمەن» دېدى.

## هوشيا ئىسرائىلنىڭ ئاخىرقى زاماندىكى بەختى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ

10 ــ بىراق ئىسرائىلنىڭ باللىرىنىڭ سانى دېڭىزدىكى قۇمدەك بولۇپ،
ئۇنى ئۆلچىگىلى ياكى سانىغىلى بولمايدۇ؛ «سىلەر مېنىڭ خەلقىم
ئەمەسسىلەر» دېيىلگەن جايدا شۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، ئۇلارغا:
«سىلەر تىرىك تەڭرىنىڭ ئوغۇللىرى!» ــ دېيىلىدۇ. 11 ئىسرائىل

---

**7:1 «بىراق يەھۇدا جەمەتىگە رەھىم قىلىمەن ۋە ئۇلارنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ئارقىلىق ئۇلارنى قۇتقۇزىمەن؛ ئۇلارنى ئوقياسىز، قىلىچسىز، جەڭسىز، ئاتلارسىز ۋە ئاتلىق ئەسكەرسىز قۇتقۇزىمەن»** ــ بۇ بېشارەت بەلكىم ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنىنىڭ يەھۇداغا تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقى ۋە شۇنداق بولسىمۇ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاسۇرىيەنى (دەرۋەقە ھېچ جەڭ بولمايلا) يوقىتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 702-يىلى). بۇ ئايەتنىڭ قىزىق بىر يېرى شۇكى، پەرۋەردىگار «پەرۋەردىگار ئارقىلىق» بۇ ئىشنى قىلىدۇ. دېمەك «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نىڭ ئۆزىنى خۇدا دېيىشكە بولىدۇ. باشقا يەردە سۆھبەتلەشكىنىمىزدەك، ئىشىنىمىزكى «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» دەل خۇدانىڭ «كالامى» ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر («يەش.» 36-38-بابلارنى كۆرۈڭ). مەزكۇر بېشارەتنىڭ بىر نەتىجىسى بەلكىم ئىسرائىلدا تۇرغان بەزى ئىخلاسمەن كىشىلەر يەھۇدا زېمىنىغا ئۆتۈپ، ئولتۇراقلاشقان بولسا كېرەك.
**9:1 «رەب: «ئۇنىڭ ئىسمىنى: «لو-ئاممى» دەپ قويغىن»... دېدى»** ــ «لو-ئاممى» «مېنىڭ خەلقىم ئەمەس» دېگەن مەنىدە. بۇ ئىسىم گومەرنىڭ باللىسىنىڭ باشقا ئەردىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭدەك خۇدا ئالدىدا ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ. «مەن ئۇلار ئۈچۈن پەرۋەردىگار بولمايمەن» (ياكى «مەن سىلەر ئۈچۈن بولمايمەن» ياكى «مەن سىلەر ئۈچۈن «ئەزەلدىن بار بولغۇچى» بولمايمەن») دېگەن ئىبارە، خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرغان ئۆز نامىنى، يەنى «ياھۋەھ» («مەن ئۆزۈمدۇرمەن»)نى كۆزدە تۇتىدۇ. دېمەك، «مەن سىلەردىن خەۋەر ئالىدىغان خۇدايىڭلار بولمايمەن».
**10:1** يار. 17:22، 12:32؛ يەش. 22:10؛ رىم. 25:9، 26

بالىلىرى ۋە يەھۇدا بالىلىرى بىرگە يىغىلىدۇ، ئۆزلىرىگە بىرلا باشنى
تىكلەيدۇ ۋە تۇرغان زېمىندىن چىقىدۇ؛ چۈنكى «يىزرەئەلنىڭ كۈنى»
ئۇلۇغدۇر! ئاكا-ئۇكىلىرىڭلارغا «ئاممى! (مېنىڭ خەلقىم!)» ۋە
سىڭىللىرىڭلارغا «رۇھاماھ! (رەھىم قىلىنغان!)» ــ دەڭلار!

## ئىسرائىلغا قىلىنغان تەربىيىلىك جازا ـ خۇدانىڭ سۆزىنىڭ داۋامى

2 [2-1] ــ ئاناڭلارغا دەۋايىمنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىشىڭلار؛
چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئايالىم ئەمەس ۋە مەن ئۇنىڭ ئېرى ئەمەس؛
ئۇ پاھىشىلىك تۇرقىنى چىرايىدىن، زىناخورلۇق ھالەتلىرىنى
كۆكسىنىڭ ئارىسىدىن ياقاتسۇن!
[3] بولمىسا، مەن ئۇنى قىپ-يالىڭاچ قىلىپ قويىمەن، تۇغۇلغان
كۈنىدىكىدەك ئاندىن تۇغما قىلىپ قويىمەن؛
مەن ئۇنى خۇددى چۆل-باياۋانغا ئوخشاش قىلىمەن،
ئۇنى بىر قاغجىراق يەرگە ئايلاندۇرىمەن،
ئۇنى ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئۆلتۈرىمەن؛
[4] ئۇنىڭ بالىلىرىغا رەھىم قىلمايمەن،

11:1 **«تۇرغان زېمىن»** ــ ئىسرائىللار سۈرگۈن قىلىنغان زېمىن بولسا كېرەك. **«تۇرغان زېمىندىن چىقىدۇ»** ــ ياكى «تۇرغان زېمىندا ياشنىدۇ». بىراق «چىقىش»نى مۇنداق تېكىستكەردە ئىشلىتىش ئادەتتە «خۇدا ئىسرائىلغا ۋەدە قىلغان زېمىنغا قايتىش»نى بىلدۈرىدۇ. **«يىزرەئەلنىڭ كۈنى»** ــ بۇ كۈننىڭ نېمە ئىكەنلىكى 2:14-23ئايەتتە كۆرۈنىدۇ. بۇ ئايەت ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**11:1** يەش. 13:11؛ يەر. 18:3؛ ئەز. 16:37، 22؛ ئەف. 2:14، 15، 16

2-1:2 **«ئاناڭلارغا دەۋايىمنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىشىڭلار؛ چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئايالىم ئەمەس ۋە مەن ئۇنىڭ ئېرى ئەمەس؛ ئۇ پاھىشىلىك تۇرقىنى چىرايىدىن، زىناخورلۇق ھالەتلىرىنى كۆكسىنىڭ ئارىسىدىن ياقاتسۇن!»** ــ دېمىسەكمۇ بۇ سۆزلەر ھەم پەيغەمبەرنىڭ ئۆز بالىلىرىغا ھەمدە خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە ئېيتقانلىرىدۇر. تۆۋەندىكى سۆزلەر (14-3) ئاساسەن خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان سۆزلىرى ــ بىراق بەزىلىرى پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئەھۋالغا ماس كېلىدۇ.

**چۈنكى ئۇلار پاھىشىلىكلەردىن تۆرەلگەن بالىلاردۇر.**
**[5] چۈنكى ئۇلارنىڭ ئانىسى پاھىشىلىك قىلغان،**
**ئۇلارنى قارنىدا كۆتۈرگۈچى نومۇسسىزلىق قىلغان؛**
**چۈنكى ئۇ: «مەن ماڭا نان ۋە سۇيۇمنى، يۇڭ ۋە كاناپىمنى، زەيتۇن**
**مېيىم ۋە ئىچىملىك-شارابلىرىمنى تەمىنلىگۈچى ئاشنىلىرىمغا**
**ئەگىشىپ ئۇلارنى قوغلىشىمەن» ـ دېدى.**
**[6] ـ شۇڭا مانا، مەن يولۇڭنى تىكەن-جىغانلىقلار بىلەن چىتلاپ**
**قورشىۋالىمەن،**
**ئىسرائىلنىڭ ئەتراپىنى تام بىلەن توسىمەن، ئۇ چىغىر يوللىرىنى**
**تاپالمايدىغان بولىدۇ.**
**[7] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشنىلىرىنى قوغلايدۇ، بىراق ئۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ؛**
**ئۇلارنى ئىزدەيدۇ، تاپالمايدۇ؛**
**شۇڭلاشقا ئۇ: «مەن بېرىپ بىرىنچى ئېرىمنى تېپىپ، ئۇنىڭ يېنىغا**
**قايتىمەن؛ چۈنكى ئەھۋالىم بۈگۈنكىدىن ياخشى ئىدى» ـ دەيدۇ.**
**[8] ـ ئۇ زىرائەتلەرنى، يېڭى شاراب ۋە زەيتۇن مېيىنى تەمىنلىگۈچىنىڭ**
**مەن ئىكەنلىكىمنى،**
**ئۆزلىرى «بائال» بۇتلارنى ياساشقا ئىشلەتكەن كۈمۈش-ئالتۇننى كۆپ**
**قىلغۇچىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى زادى بىلمىدى.**
**[9] شۇڭا مەن قايتىپ كېلىمەن، ئۇنىڭدىكى زىرائەتلىرىمنى ئۆز ۋاقتىدا،**
**يېڭى شارابلىرىمنى ئۆز پەسلىدە ئېلىپ كېتىمەن،**
**ئۆزۈمدىكى ئۇلارنىڭ يالىڭاچلىقىنى يېپىشقا كېرەكلىك يۇڭ-**
**كاناپلىرىمنى بەرمەي قايتۇرۇپ كېتىمەن؛**

---

5:2 **«ئىچىملىك-شارابلىرىمنى تەمىنلىگۈچى ئاشنىلىرىمغا ئەگىشىپ ئۇلارنى قوغلىشىمەن»** ــ «ئاشنىلىرىم» ئىسرائىل چوقۇنغان ھەرخىل بۇتلارنى، بولۇپمۇ «بائال»لارنى كۆرسىتىدۇ. نادان ئىسرائىل ئاش-تائام ۋە نەرسە-كېرەكلەرنى خۇدا ئەمەس، بەلكى بۇ بۇتلار تەمىنلەيدۇ، دەپ قارايتتى.
9:2 **«شۇڭا مەن قايتىپ كېلىمەن، ئۇنىڭدىكى زىرائەتلىرىمنى ... ئېلىپ كېتىمەن، ئۆزۈمدىكى ... يۇڭ-كاناپلىرىمنى بەرمەي قايتۇرۇپ كېتىمەن»** ــ ئىسرائىللار خۇدانىڭ يېنىغا «قايتىشى» كېرەك. ھازىر ئەكسىچە خۇدا ئۇلارنىڭ يېنىغا جازالاشقا قايتىدۇ.

[10] هازىر مەن ئۇنىڭ نومۇسسىزلىقىنى ئاشنىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارىلايمەن،
ھېچكىم ئۇنى قولۇمدىن قۇتقۇزالمايدۇ.
[11] شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ تاماشالىرىغا خاتىمە بېرىمەن؛
ئۇنىڭ ھېيتلىرىغا! ئۇنىڭ «يېڭى ئاي»لىرىغا!
ئۇنىڭ «شابات»لىرىغا! قىسقىسى، ئۇنىڭ بارلىق «جامائەت ئىبادەت سورۇن»لىرىغا خاتىمە بېرىمەن!
[12] ۋە مەن ئۇنىڭ ئۈزۈم تاللىرىنى ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرىنى ۋەيران قىلىمەن؛
ئۇ بۇلارنى: «بۇلار بولسا ئاشنىلىرىم ماڭا بەرگەن ئىش ھەققىلىرىمدۇر!» دېگەنىدى؛
مەن بۇلارنى جاڭگالغا ئايلاندۇرىمەن، ياۋايى ھايۋانلار ئۇلارنى يەپ كېتىدۇ.
[13] مەن ئۇنىڭ بېشىغا «بائال»لارنىڭ كۈنلىرىنى چۈشۈرىمەن؛
چۈنكى ئۇ شۇ كۈنلىرىدە ئۇلارغا ئىسرىق سالاتتى،
ئۇ ئۆزىنى ئۈزۈكلىرى ۋە زىبۇ-زىننەتلىرى بىلەن پەردازلاپ،
ئاشنىلىرىنى قوغلىشىپ، مېنى ئۇنتۇدى ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

---

**10:2 «هازىر مەن ئۇنىڭ نومۇسسىزلىقىنى ئاشنىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارىلايمەن»** ــ مۇشۇ «ئاشنىلىرى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى هازىر سەل كېڭەيتىلدى. ئىسرائىل خۇدانىڭ قوغدىشىغا ئىشەنمەي، ھەرقايسى بۇتپەرەس دۆلەتلەرگە تايىنىپ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولماقچى. بىراق خۇدا ئۆزىگە قىلغان بۇ ۋاپاسىزلىقنى ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى ئالدىدا ئاشكارىلايدۇ.
**11:2 «خاتىمە بېرىمەن؛ ئۇنىڭ ھېيتلىرىغا! ئۇنىڭ «يېڭى ئاي»لىرىغا!...»** ــ «يېڭى ئاي»نىڭ بىرىنچى كۈنى ھېيت كۈنى ھېسابلىناتتى. «شابات» كۈنى، يەنى شەنبە كۈنى، دەم ئېلىش كۈنى ئىدى.
**12:2** زەب. 80:12-13؛ يەش. 5:5
**13:2 «مەن ئۇنىڭ بېشىغا «بائال»لارنىڭ كۈنلىرىنى چۈشۈرىمەن»** ــ دېمەك، خۇدا ئىسرائىلنىڭ «بائال»لارغا چوقۇنغان كۈنلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرىدۇ

## خۇدا ئاخىر بېرىپ يەنىلا ئىسرائىلنى مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭكى قىلىدۇ ــ «يىزرەئەلنىڭ كۈنى»

14 شۇڭا مانا، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن،
ئۇنى دالاغا ئېلىپ كېلىمەن، كۆڭلىگە سۆزلەيمەن.
15 شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا شۇ يەردە ئۈزۈمزارلىرىنى قايتۇرىمەن،
«ئاقور جىلغىسى»نى «ئۈمىد ئىشىكى» قىلىپ بېرىمەن؛
ئاندىن ئۇ شۇ يەردە ياشلىق كۈنلىرىدىكىدەك،
مىسىر زېمىنىدىن چىققان كۈنىدەك كۈي-ناخشا ئېيتىدۇ.
16 ۋە شۇ كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار ــ«سەن
مېنى «ئېرىم» دەپ چاقىرىسەن، ئىككىنچى مېنى «بائال»ىم
دېمەيسەن.

---

14:2 **«شۇڭا مانا، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن، ئۇنى دالاغا ئېلىپ كېلىمەن، كۆڭلىگە سۆزلەيمەن»** ــ «شۇڭا» دېگەن بۇ سۆز ئادەمنى تولىمۇ ھەيران قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. خۇدانىڭ شاپائىتى دائىم دېگۈدەك شۇنداق.

15:2 **«شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا شۇ يەردە ئۈزۈمزارلىرىنى قايتۇرىمەن، «ئاقور جىلغىسى»نى «ئۈمىد ئىشىكى» قىلىپ بېرىمەن؛ ئاندىن ئۇ شۇ يەردە ياشلىق كۈنلىرىدىكىدەك، .... كۈي-ناخشا ئېيتىدۇ»** ــ بۇ ئايەتتىكى بەزى سۆزلەرنىڭ شەرھى: ــ

ــ(1) «ئاقور جىلغىسى» ــ ئەسلىدە ئىسرائىل پەلەستىننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلغۋاتقان كۈنلەردە، «ئاقان» (ياكى ئاخور، مەنىسى «ئاۋارە») ئىسىملىك بىر كىشى خۇدانىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىتائەت قىلمىغاچقا، پۈتكۈل ئىسرائىل جەڭدە مەغلۇپ بولدى. يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاقاننىڭ گۇناھى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئىسرائىل ئاقاننى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئىسرائىل دۈشمەندىن قۇتقۇزۇلدى. «ئاقاننىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنى قۇتقۇزغان» دېگىلى بولىدۇ. شۇڭا مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسى، بەلكىم بىرسى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈشى بىلەن، ئۇلار قۇتقۇزۇلىدىغان بولىدۇ («يە.» 7-بابنى كۆرۈڭ).

ــ(2) «ياشلىق كۈنلىرى» ــ بەلكىم ئىسرائىلنىڭ «يېڭى بىر ئەل» تۇغۇلغاندەك، مىسىردىن چىققان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

ــ(3) «ناخشا ئېيتىدۇ» يەنە «(ماڭا) جاۋاب بېرىدۇ» دېگەننىمۇ بىلدۈرىدۇ.

16:2 **««سەن مېنى «ئېرىم» دەپ چاقىرىسەن، ئىككىنچى مېنى «بائال»ىم دېمەيسەن»** ــ «كىرىش سۆز»دە ئېيتقىنىمىزدەك، «بائال» دېگەن سۆزنىڭ بىر مەنىسى «ئىگەم» ياكى «ئېرىم»

[17] چۈنكى مەن «بائال»لارنىڭناملىرىنى سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئېلىپ
تاشلايمەن،
ئۇلار بۇ نامى بىلەن ئىككىنچى ھېچقانداق ئەسلەنمەيدۇ.
[18] شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلار ئۈچۈن دالادىكى ھايۋانلار، ئاسماندىكى
ئۇچار-قاناتلار ۋە يەر يۈزىدىكى ئۆمىلىگۈچىلەر بىلەن ئەھدە تۈزىمەن؛
مەن ئوقيا، قىلىچ ۋە جەڭنى سۇندۇرۇپ زېمىندىن ئېلىپ تاشلايمەن؛
خەلقىمنى ئامان-ئېسەن ياتقۇزىمەن.
[19] شۇنداق قىلىپ مەن سېنى ئەبەدىلئەبەد ئۆزۈمگە باغلايمەن؛
ھەققانىيلىقتا، مېھىر-مۇھەببەتتە، رەھىم-شەپقەتلەردە سېنى
ئۆزۈمگە باغلايمەن؛ [20] ساداقەتلىكتە سېنى ئۆزۈمگە باغلايمەن،
شۇنىڭ بىلەن سەن پەرۋەردىگارنى بىلىپ يېتىسەن. [21] ۋە شۇ كۈندە
ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، «مەن ئاڭلايمەن» ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ
«مەن ئاسمانلارنىڭ تەلىپىنى ئاڭلايمەن، بۇلار يەر-زېمىننىڭ تەلىپىنى
ئاڭلايدۇ؛ [22] يەر-زېمىن زىرائەتلەرنىڭ، يېڭى شاراب ۋە زەيتۇن مېيىنىڭ
تەلىپىنى ئاڭلايدۇ؛ ۋە بۇلار «يىزرەئەل»نىڭ تەلىپىنى ئاڭلايدۇ! [23] ۋە
مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئۇنى زېمىندا تېرىيمەن؛ مەن «لو-رۇھاماھ»غا رەھىم

**17:2 «مەن «بائال»لارنىڭ ناملىرىنى سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئېلىپ تاشلايمەن»** ــ ئىبرانىي تىلدا «مەن «بائال»لارنىڭ ناملىرىنى ئۇنىڭ (يەنى، ئىسرائىلنىڭ) ئاغزىدىن ئېلىپ تاشلايمەن».

**18:2** ئايۇپ 23:5؛ يەش. 6:11؛ ئەز. 21:14؛ 25:34

**19:2 «مەن سېنى ... ئۆزۈمگە باغلايمەن»** ــ بۇ سۆز ئادەتتە قىزنى ئۆزىگە ئەمرىگە ئېلىشنى بىلدۈرىدۇ

**20:2 «ھەققانىيلىقتا، مېھىر-مۇھەببەتتە، رەھىم-شەپقەتلەردە.... ساداقەتلىكتە سېنى ئۆزۈمگە باغلايمەن»** ــ دېگەن سۆزلەر خۇدانىڭ قىلىدىغانلىرىنى سۈپەتلەيدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق ئېشىنىمىزكى، بۇ سۆزلەر يەنە كەلگۈسىدىكى **ئىسرائىلنىڭ** خۇدانىڭ مۇھەببىتىگە بولغان ئىنكاسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئىسرائىل شۇ كۈنى يەنە ۋاپاسىز بولمايدۇ. بۇ چوڭ بىر ئۆزگىرىش، چوڭ بىر مۆجىزىدۇر!

**20:2** يەر. 33:31، 34

**22:2 «...بۇلار «يىزرەئەل»نىڭ تەلىپىنى ئاڭلايدۇ!»** ــ «يىزرەئەل» دېگەن ئىسىم «ئىسرائىل» دېگەن ئىسىم بىلەن تەلەپپۇز جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، مۇشۇ يەردە ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھوشىيانىڭ بىرىنچى ئوغلى «يىزرەئەل»نىڭ ئانىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن تۇغۇلۇپ (4:2نى كۆرۈڭ) ئاندىن شۇ سەۋەبىدىن ئاتىسىدىن ئايرىلغىنىدەك، ئىسرائىل «ئانىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقى» بىلەن خۇداسىدىن ئايرىلغان بولۇپ، ھازىر خۇداسى بىلەن ئەپلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ.

قىلىمەن؛ مەن «لو-ئاممى»غا: «مېنىڭ خەلقىم!» دەيمەن؛ ۋە ئۇلار مېنى: «مېنىڭ خۇدايىم!» ــ دەيدۇ.

## هوشىيا ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئۆزىدىن ئايرىلغان ئايالىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىدۇ

3 [1] ۋە پەرۋەردىگار ماڭا: ــ يەنە بارغىن، ئاشنىسى تەرىپىدىن
سۆيۈلگەن، زىناخور بىر ئايالنى سۆيگىن؛ گەرچە ئىسرائىللار
يات ئىلاھلار تەرىپىگە ئېغىپ كەتكەن، «كىشمىش پوشكال»لارنى
سۆيگەن بولسىمۇ، مەن پەرۋەردىگار ئۇلارغا كۆرسەتكەن سۆيگۈمدەك
سەن ئۇنى سۆيگىن، ــ دېدى [2] (شۇڭا مەن ئون بەش كۈمۈش تەڭگە، بىر
خومىر بۇغداي ۋە يېرىم خومىر ئارپىغا ئۆزۈمگە قايتۇرۇۋالدىم؛ [3] مەن
ئۇنىڭغا: «سەن مەن ئۈچۈن ئۇزۇن كۈنلەر كۈتىسەن؛ سەن پاھىشىلىك
قىلمايسەن، سەن باشقا ئەرنىڭكى بولمايسەن؛ مەنمۇ سەن ئۈچۈن

---

**23:2 «مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئۇنى زېمىندا تېرىيمەن»** ــ ئېسمىزدە باركى، «يىزرەئەل» «خۇدانىڭ تېرىغىنى» دېگەن مەنىدە. خۇدانىڭ ئىسرائىل (يىزرەئەل)غا بولغان مەقسىتى، دېھقانىنىڭ **ئۆزى ئۈچۈن** ئۇرۇقنى زېمىنغا تېرىغىنىغا ئوخشاش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. دېمەك، ئاخىرقى زاماندا، ئىسرائىل خاراكتېرىدا، مىجەزىدە، قىلغانلىرىدا خۇدانىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولىدۇ. خۇدا شۇ يول بىلەن ئىسرائىلدا ئۆزىنى ئۇلۇغلايدۇ.

**23:2** هوش. 1:2؛ رىم. 26:9؛ 1پېت. 10:2

**1:3 «كىشمىش پوشكاللىرىنى سۆيىدىغان»** ــ بۇ كىنايىلىك گەپ. ئۇلار بەلكىم بۇ پوشكاللارنى ھەرخىل بۇتلارغا ئاتاپ يېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار بۇتپەرەسلىك يولىدا شۇ كىشمىشلەرنى يېگەچكە ھەقىقىي «دىندارلار» بولۇپ قالدى ــ گەرچە پەرۋەردىگارنىڭ سۆيگۈسىنىڭ ئوبيېكتى ئىسرائىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسرائىلنىڭ سۆيۈش ئوبيېكتى ناھايىتى بىر خىل پوشكال بولغانىدى، خالاس

**2:3 «بىر خومىر بۇغداي ۋە يېرىم خومىر ئارپىغا...»** ــ «بىر خومىر» 300 لىتر، يەنى 20 كۇرە؛ «يېرىم خومىر» 150 لىتر، يەنى 10 كۇرە. **«مەن ... ئۇنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇۋالدىم»** ــ قارىغاندا گومەر قۇللۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان، بازاردا (بەلكىم بالىلىرى بىلەن) سېتىلىدىغان ھالغا كەلگەن. هوشىيا ئۇچۇن ئۇنى سېتىۋېلىش سەل قىيىنراق كۆرۈنىدۇ؛ ئۇنىڭ باھاسىغا يېتىش ئۈچۈن پۇلغا قوشۇپ يەنە ئۇنى-بۇنى ئېلىپ كېلىش كېرەك ئىدى.

ئوخشاشلا سېنى كۈتىمەن» ــ دېدىم).
4 ــ «چۈنكى ئىسرائىللار ئۇزۇن كۈنلەر پادىشاھسىز، شاھزادىسىز،
قۇربانلىقسىز، «تۈۋرۈك»سىز، «ئەفود»سىز ۋە ھېچ ئۆي بۇتلىرىسىز
كۈتۈپ تۇرىدۇ. 5 ۋە كېيىنرەك، ئىسرائىل باللىرى قايتىپ كېلىدۇ
ۋە پەرۋەردىگار بولغان خۇداسىنى ھەم داۋۇت پادىشاھىنى ئىزدەيدۇ؛
كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا ئۇلار تەۋرىنىپ ئەيمىنىپ پەرۋەردىگارنىڭ
يېنىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىغا قاراپ كېلىدۇ».

## 2-قىسىم
## ھوشىيانىڭ ئايرىم-ئايرىم خەۋەرلىرى ــ «ئى ئىسرائىل، مەن قانداقمۇ سىلەرنى تاشلاپ قويىمەن؟!»

---

3:3 **«سەن مەن ئۈچۈن ئۇزۇن كۈنلەر كۈتىسەن»** ــ دېمىسەكمۇ بۇنىڭ مەنىسى، ھوشىيا ئۇنى ھەرقانداق مۇناسىۋەتتىن ئايرىپ يالغۇز تۇرمۇشقا قالدۇرىدۇ. بىراق ئۇ ئۆزى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئايالغا يېقىنلاشماي، ئۇنى كۈتىدۇ.
**3:3** قان. 11:21

4:3 **«ئىسرائىللار ئۇزۇن كۈنلەر پادىشاھسىز، شاھزادىسىز، قۇربانلىقسىز، «تۈۋرۈك»سىز، «ئەفود»سىز ۋە ھېچ ئۆي بۇتلىرىسىز كۈتۈپ تۇرىدۇ»** ــ بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بەزى نەرسىلەر ياكى ئىشلار (پادىشاھ، شاھزادە، قۇربانلىق، ئەفود) ئەسلىدە ماھىيىتى ياخشى، بەزىلەر پۈتونلەي ياخشى ئەمەس. بۇ بېشارەتتىن قارىغاندا، خۇدا ئىسرائىل ئۈچۈن سەللىمازا يېڭى بىر باشلىنىشنى بېكىتكەن. «تۈۋرۈك» بەلكىم بۇتپەرەسلىككە ئائىت بولغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەفود» ــ خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قانۇن بويىچە، باش كاھىن كىيىدىغان بىر ئالاھىدە كالتە چاپان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى تاش ئارقىلىق خۇدادىن يول سورىغىلى بولاتتى. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.
**4:3** ھوش. 3:10

5:3 **«كېيىنرەك، ئىسرائىل باللىرى قايتىپ كېلىدۇ ۋە پەرۋەردىگار بولغان خۇداسىنى ھەم داۋۇت پادىشاھىنى ئىزدەيدۇ»** ــ «ھوشىيا» دېگەن كىتابتا «ئىسرائىل» ئادەتتە «شىمالىي پادىشاھلىق»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بۇرۇنلا خۇدا ئەسلى بېكىتكەن داۋۇتنىڭ خاندانلىقىغا تەۋە پادىشاھلىقتىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئاخىرقى زامانلاردا ئۇلارنىڭ «داۋۇتنى ئىزدىشى» ئۈچۈن ھەرقانداق تەكەببۇرلۇقنى تاشلىشى كېرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بېشارەت ئاخىرقى زامانلاردا پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئوغلى مەسىھ ئەيسانىڭ ئىسرائىلنى قۇتقۇزىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسەتسە كېرەك.
**5:3** يەش. 2:2؛ يەر. 9:30؛ ئەز. 23:34؛ 22:37؛ مىك. 1:4

## يورۇتۇلمىغان بىر خەلق

4 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئى ئىسرائىل بالىلىرى؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ زېمىندا تۇرۇۋاتقانلار بىلەن قىلىدىغان
دەۋاسى بار؛ چۈنكى زېمىندا ھېچ ھەقىقەت، ھېچ مېھرىبانلىق،
خۇدانى ھېچ بىلىش-تونۇش يوقتۇر؛ [2] قارغاش-تىللاش، يالغانچىلىق،
قاتىللىق، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق ــ بۇلار زېمىندا يامراپ كەتتى؛ قان
ئۈستىگە قان تۆكۈلىدۇ. [3] مانا شۇ سەۋەبتىن زېمىن ماتەم تۇتىدۇ،
ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى جۈدەپ كېتىدۇ؛ ئۇلار دالادىكى
ھايۋانلار ھەم ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار بىلەن بىللە جۈدەپ كېتىدۇ؛
بەرھەق، دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ يەپ كېتىلىدۇ.
[4] ئەمدى ھېچكىم دەۋا قىلىشمىسۇن، ھېچكىم ئەيىبلەشمىسۇن؛
چۈنكى مېنىڭ دەۋايىم دەل سەن بىلەن، ئى كاھىن! [5] سەن كۈندۈزدە
پۇتلىشىپ يىقىلىسەن؛ پەيغەمبەرمۇ سەن بىلەن كېچىدە تەڭ
پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ؛ ۋە مەن ئاناڭنى ھالاك قىلىمەن.
[6] مېنىڭ خەلقىم بىلىمسىزلىكتىن ھالاك قىلىندى؛ ۋە سەنمۇ بىلىمنى
چەتكە قاققانىكەنسەن، مەنمۇ سېنى چەتكە قاقىمەنكى، سەن ماڭا
يەنە ھېچ كاھىن بولمايسەن؛ خۇدايىڭنىڭ قانۇن-كۆرسەتمىسىنى
ئۇنتۇغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن، مەنمۇ سېنىڭ بالىلىرىڭنى ئۇنتۇيمەن.

---

**1:4** مىك. 2:6.

**2:4 «قان ئۈستىگە قان تۆكۈلىدۇ»** ــ ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ياكى (بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە) خالىغانچە ئادەملەرنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنى بۇتلارغا «ئىنسان قۇربانلىق»ى قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**4:4 «مېنىڭ دەۋايىم دەل سەن بىلەن، ئى كاھىن!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خەلقىڭ كاھىن بىلەن دەۋالاشقاندەك بولدى».
—لېكىن بىزنىڭچە 4-ئايەتتىكى سۆزلەر كاھىنغا قارىتا ئېيتىلىدۇ؛ بىزنىڭ تەرجىمىمىز 5-ئايەتتىكى سۆزلەرگە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ، دەپ قارايمىز. ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش سەل تەس.

**5:4 «پەيغەمبەرمۇ سەن بىلەن كېچىدە تەڭ پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ»** ــ «پەيغەمبەر» ساختا پەيغەمبەرنى ياكى (بۇتپەرەسلىك ياكى يالاقچىلىق قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن) ئۆز مەنپەئەتىگە سېتىلىپ كەتكەن پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ. **«ۋە مەن ئاناڭنى ھالاك قىلىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ۋە سەن ئۆز ئاناڭنى مۇنداق ھالاك قىلماقتاسەن».

**[7] ئۇلار كۆپەيگەنسېرى، ماڭا قارشى كۆپ گۇناھ سادىر قىلدى؛ مەن
ئۇلارنىڭ شان-شەرىپىنى شەرمەندىچىلىككە ئايلاندۇرىۋېتىمەن.
[8] ئۇلار خەلقىمنىڭ گۇناھىنى يەيدىغان بولغاچقا،
ئۇلارنىڭ جېنى خەلقىمنىڭ قەبىھلىكىگە ئىنتىزار بولىدۇ.
[9] ۋە خەلقىم قانداق بولسا، كاھىنلارمۇ شۇنداق بولىدۇ؛ مەن
كاھىنلارنىڭ تۇتقان يوللىرىنى ئۆز ئۈستىگە چۈشۈرىمەن، ئۆز
قىلمىشلىرىنى بېشىغا قايتۇرىمەن.
[10] ئۇلار يەيدۇ، بىراق تويمايدۇ،
ئۇلار پاھىشىلىك قىلىدۇ، بىراق ھېچ كۆپەيمەيدۇ؛
چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارنى تىڭشاشنى تاشلاپ كەتتى،**

---

6:4 **«مېنىڭ خەلقىم بىلىمسىزلىكتىن ھالاك قىلىندى؛ ۋە سەنمۇ بىلىمنى چەتكە قاققانىكەنسەن، مەنمۇ سېنى چەتكە قاقىمەن...»** — بۇ ئايەتتىكى «بىلىم» شۈبھىسىزكى، خۇدانى بىلىش دېگەنلىكتۇر.

7:4 **«ئۇلار كۆپەيگەنسېرى... مەن ئۇلارنىڭ شان-شەرىپىنى شەرمەندىچىلىككە ئايلاندۇرىۋېتىمەن»** — «ئۇلار» كاھىنلارنى ياكى (6-ئايەتتە ئېيتىلغان) «كاھىنلارنىڭ بالىلىرى»نى كۆرسىتىدۇ. **«مەن ئۇلارنىڭ شان-شەرىپىنى شەرمەندىچىلىككە ئايلاندۇرىۋېتىمەن»** — «كاھىن بولۇش» ناھايىتى شەرەپلىك ئىش، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىلىرى خەلققە خۇدانىڭ قانۇن-كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق بۇنىڭ ئورنىدا ئۇلار ئۆزى «خۇدانىڭ قانۇن-كۆرسەتمىلىرىنى ئۇنتۇغان» (6-ئايەت).

8:4 **«ئۇلار خەلقىمنىڭ گۇناھىنى يەيدىغان بولغاچقا...»** — تەۋرات دەۋرىدە بىرسى گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ «گۇناھ قۇربانلىقى»نى (گۇناھنى تىلەيدىغان قۇربانلىق)نى سۇنۇشى كېرەك ئىدى. كاھىنلارنىڭ بۇنداق قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن مەلۇم بىر قىسمىنى يېيىش ئىمتىيازى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھازىر: — «خەلق كۆپرەك گۇناھ قىلسا، يەيدىغىنىمىزمۇ كۆپ بولىدۇ!» دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ.

9:4 **«خەلقىم قانداق بولسا، كاھىنلارمۇ شۇنداق بولىدۇ»** — دېمەك، خەلقىم جازايىمنى تارتقانىكەن، سەن كاھىنمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولمايسەن؛ ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىڭ سېنى قۇتقۇزمايدۇ، ئەكسىچە تارتىدىغان جازايىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

**9:4** يەش. 2:24

10:4 **«ئۇلار پاھىشىلىك قىلىدۇ، بىراق ھېچ كۆپەيمەيدۇ»** — بۇ ئىنتايىن كىنايىلىك گەپ. دېمەك، ئىسرائىل «پاھىشە بولۇپ» (بۇتلارغا چوقۇنغان بولۇپ)، كۆپ «پاھىشىۋازلار» (بۇتلار) بىلەن بىللە بولغان بولسىمۇ، ھېچقانداق پايدا كۆرمىگەن. باشقا خىل تەرجىمىسى: «ئۇلار پاھىشىلىك قىلىدۇ، لېكىن ھېچ پاراۋانلاشمايدۇ».

**10:4** مىك. 14:6

11 ئۆزلىرىنى پاھىشىلىك، شاراب ۋە يېڭى شارابقا بېرىلىشى؛
بۇ ئىشلار ئادەمنىڭ ئەقىل-زېھنىنى بۇلاپ كېتىدۇ.
12 خەلقىم ئۆز تايىقىدىن يولىيورۇق سورايدۇ،
ئۇلارنىڭ ھاسىسى ئۇلارغا يول كۆرسىتەرمىش!
چۈنكى پاھىشىلىكنىڭ روھى ئۇلارنى ئازدۇرىدۇ،
ئۇلار خۇداسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىن پاھىشىلىككە چىقىپ،
13 تاغ چوققىلىرىدا قۇربانلىق قىلىدۇ،
دۆڭ-ئېگىزلىكلەردە، شۇنداقلا سايىسى ياخشى بولغاچقا دۇب ۋە تېرەك ۋە قارىياغاچلار ئاستىدىمۇ ئىسرىق سالىدۇ؛
شۇڭا قىزلىرىڭلار پاھىشىلىك، كېلىنلىرىڭلارمۇ زىناخورلۇق قىلىدۇ.
14 مەن قىزلىرىڭلارنى پاھىشىلىكلىرى ئۈچۈن،
ياكى كېلىنلىرىڭلارنى زىناخورلۇقلىرى ئۈچۈن جازالىمايمەن؛
چۈنكى ئاتىلىرى ئۆزلىرىمۇ پاھىشىلەر بىلەن سىرتقا چىقىدۇ،
«بۇتخانا پاھىشە»لىرى بىلەن بىللە قۇربانلىق قىلىدۇ؛

---

12:4 **«خەلقىم ئۆز تايىقىدىن يولىيورۇق سورايدۇ، ئۇلارنىڭ ھاسىسى ئۇلارغا يول كۆرسىتەرمىش!»** — ئۇلار «تايىقى»، «ھاسىسى»نى پالچىلىق، رەمچىلىك ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. **«چۈنكى پاھىشىلىكنىڭ روھى ئۇلارنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلار خۇداسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىن پاھىشىلىككە چىقىپ،...»** — «كىرىش سۆز»ىمىزدە تىلغا ئېلىنغاندەك، «پاھىشىلىك» بۇتپەرەسلىك ۋە پاھىشىلىكنىڭ ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «بائال» قاتارلىقلارغا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرى ھەرخىل پاھىشىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسرائىل خۇداغا سادىق بولغان ئايالدەك ئەمەس، بەلكى ۋاپاسىز پاھىشە ئايالدەك بولغان.

**12:4** هوش. 4:5

13:4 **«...دۆڭ-ئېگىزلىكلەردە، شۇنداقلا سايىسى ياخشى بولغاچقا دۇب ۋە تېرەك ۋە قارىياغاچلار ئاستىدىمۇ ئىسرىق سالىدۇ»** — ئۇلار خۇدانىڭ ھىمايىسى ئاستىدىن چىقىپ، ناھايىتى بىر دەرەخ ئاستىدا بىر بۇتتىن ھىمايە سورىماقتا. **«سىلەرنىڭ قىزلىرىڭلار پاھىشىلىك، كېلىنلىرىڭلارمۇ زىناخورلۇق قىلىدۇ»** — «(سىلەرنىڭ) قىزلىرىڭلار... كېلىنلىرىڭلارمۇ» — خۇدا «سىلەر» دېگەن سۆز بىلەن بەلكىم يەنە كاھىنلارغا سۆز قىلىدۇ.

**13:4** يەش. 1:29؛ 7:57؛ ئەز. 28:20

شۇنىڭ بىلەن يورۇتۇلمىغان بىر خەلق يىقىتىلىدۇ.
15 سەن، ئى ئىسرائىل، پاھىشىلىك قىلىشىڭ بىلەن،
يەھۇدا گۇناھقا چېتىلىپ قالمىسۇن!
نە گىلگالغا كەلمەڭلار، نە «بەيت-ئاۋەن»گە چىقماڭلار،
نە «پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن!» دەپ قەسەم قىلماڭلار.
16 چۈنكى تەرسا بىر قىسىر ئىنەكتەك، ئىسرائىل تەرسالىق قىلىدۇ؛
پەرۋەردىگار قانداقمۇ پاخلاننى باققاندەك، ئۇلارنى كەڭ بىر يايلاقتا
ئوزۇقلاندۇرسۇن؟
17 ئەفرائىم بۇتلارغا چاپلاشتى؛
ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسۇن!
18 ئۇلارنىڭ شارابى تۈگىشى بىلەنلا،

---

14:4 **«مەن قىزلىرىڭلارنى پاھىشىلىكلىرى ئۈچۈن، ياكى كېلىنلىرىڭلارنى زىناخورلۇقلىرى ئۈچۈن جازالىمايمەن؛ چۈنكى ئاتىلىرى ئۆزلىرىمۇ پاھىشىلەر بىلەن سىرتقا چىقىدۇ...»** — دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، خۇدا بۇ قىز-كېلىنلەرنى ئەيىبلىمەيدۇ؛ خۇدا ئالدىدا، مەسئۇلىيەت ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى (بەلكىم كاھىنلار)نىڭ زىممىسىدىدۇر.
15:4 **«سەن، ئى ئىسرائىل، پاھىشىلىك قىلىشىڭ بىلەن، يەھۇدا گۇناھقا چېتىلىپ قالمىسۇن! نە گىلگالغا كەلمەڭلار، نە «بەيت-ئاۋەن»گە چىقماڭلار، نە «پەرۋەردىگارنىڭ ھاياتى بىلەن!» دەپ قەسەم قىلماڭلار»** — بۇ سۆزلەر بەلكىم يەھۇداغا قارىتىپ ئېيتىلىشى مۇمكىن. «گىلگال» ۋە «بەيت-ئاۋەن» ئىسرائىل زېمىنىدىكى «يېرىم بۇتپەرەس» تاۋاپگاھلار ئىدى. ئاموس پەيغەمبەر ئاللىقاچان ئىسرائىل ۋە يەھۇدانى بۇ تاۋاپگاھلارغا بارماسلىق، بۇ يەرلەرگە چېتىشلىق گۇناھلارنى قىلماسلىق، جۈملىدىن پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى بىكار-بىھۇدە ئىشلەتمەسلىك كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى («ئام.» 4:4، 5:5، 14:8). ھوشيا ئۇنىڭ ئاگاھلىرىنى تەكرارلايدۇ. ئۇ يەنە ئاموس پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ، ئىسرائىللارنىڭ «بەيت-ئەل» (خۇدانىڭ ئۆيى)دە ئۆتكۈزگەن بۇتپەرەسلىكىنى ئەيىبلەپ، شۇ يەرنى «بەيت-ئاۋەن» («يوق بىرنەرسە»نىڭ ئۆيى) دەپ ئاتايدۇ.
16:4 **«پەرۋەردىگار قانداقمۇ پاخلاننى باققاندەك، ئۇلارنى كەڭ بىر يايلاقتا ئوزۇقلاندۇرسۇن؟»** — باشقا بىرخىل تەرجىمە: «ئەمدى پەرۋەردىگار ھازىر ئۇلارنى پاخلاننى باققاندەك كەڭ بىر يايلاقتا ئوزۇقلاندۇرىدۇ!». بۇ ئىككىنچى خىل تەرجىمىسىنىڭ مەنىسى توغرا بولسا ئۇنىڭ مەنىسى: «پەرۋەردىگار ئىسرائىلنى ئۇلارنى سۈرگۈن قىلدۇرىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.
17:4 **«ئەفرائىم بۇتلارغا چاپلاشتى؛ ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسۇن!»** — «ئەفرائىم» ئىسرائىل (شىمالىي پادىشاھلىق)نىڭ ئون قەبىلىسىدىن ئەڭ چوڭى، ئۇ بەزىدە ئىسرائىل (يەنى، ئون قەبىلە)نىڭ ئۆزىگە ۋەكىل بولىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنى پاھىشىلىككە بېغىشلايدۇ؛
ئۇلارنىڭ ئىسىلزادىلىرى نومۇسسىزلىققا ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولدى.
[19] بىر شامال-روھ ئۇلارنى قاناتلىرى ئىچىگە ئورىۋالدى،
ئۇلار قۇربانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئىزا-ئاھانەتكە قالىدۇ.

## ئەفرائىمنىڭ ئەھۋالى چاتاق، يەھۇدانىڭمۇ ئەھۋالى چاتاق!

5 [1] بۇنى ئاڭلاڭلار، ئى كاھىنلار،
تىڭشاڭلار، ئى ئىسرائىل جەمەتى،
قۇلاق سېلىڭلار، ئى پادىشاھنىڭ جەمەتى؛
چۈنكى بۇ ھۆكۈم سىلەرگە بېكىتىلگەن؛
چۈنكى سىلەر مىزپاھ شەھىرىدە بىر قىلتاق،
تابور تېغىدا يېيىلغان بىر تور بولغانسىلەر.
[2] ئاسىي ئادەملەرمۇ قىرغىن-چاپقۇنغا چۆكۈپ كەتتى؛
بىراق مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جازالىغۇچى بولىمەن.
[3] ئەفرائىمنى بىلىمەن، ئىسرائىل مەندىن يوشۇرۇن ئەمەس؛
چۈنكى ئى ئەفرائىم، سەن ھازىر پاھىشىلىك قىلدىڭ،

---

19:4 **«بىر شامال-روھ ئۇلارنى قاناتلىرى ئىچىگە ئورىۋالدى،...»** — ئىبرانىي تىلىدا «شامال» ۋە «روھ» بىر سۆز. بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى بەلكىم ئۇلار پاھىشىلىك-بۇتپەرەسلىك بىر پاسىق روھ (جىن) تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئازدۇرۇلۇپ كېتىلدى.

1:5 **«سىلەر مىزپاھ شەھىرىدە بىر قىلتاق، تابور تېغىدا يېيىلغان بىر تور بولغانسىلەر»** — نېمىشقا «مىزپاھ» ۋە «تابور» دېيىلىدۇ؟ ئىسرائىل ئەسلىدە بۇ جايلاردا خۇدانىڭ كۆپ ئىلتىپاتلىرىغا ۋە مەدەتكە ئېرىشكەن. بۇ بېشارەتتىن قارىغاندا، بۇ ئىككى جاي ھازىر ئەكسىچە بۇتپەرەسلىك ياكى بىرخىل ئادالەتسىزلىك يۈرگۈزۈلگەن جايلار بولۇپ قالدى.

2:5 **«ئاسىي ئادەملەرمۇ قىرغىن-چاپقۇنغا چۆكۈپ كەتتى؛ ...»** — بۇ ئايەتتىكى «قىرغىن-چاپقۇن» دېگەن سۆز بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە بالىلارنى قۇربانلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق ئىشلار قانائانىدىكى ئەللەرنىڭ بۇتپەرەسلىكىدە كۆپ كۆرۈلەتتى. باشقا خىل تەرجىملەرمۇ بار

**ئىسرائىل بۇلغانغاندۇر.**

**4 ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارنى خۇداسىنىڭ يېنىغا قايتىشىغا قويمايدۇ؛**
**چۈنكى پاھىشىلىكنىڭ روھى ئۇلار ئارىسىدىدۇر،**
**ئۇلار پەرۋەردىگارنى ھېچ بىلمەيدۇ.**
**5 ئىسرائىلنىڭ تەكەببۇرلۇقى ئۆزىگە قارشى گۇۋاھلىق بەرمەكتە؛**
**ئىسرائىل ۋە ئەفرائىم ئۆز قەبىھلىكى بىلەن يىقىلىپ كېتىدۇ؛**
**يەھۇدامۇ ئۇلار بىلەن تەڭ يىقىلىدۇ.**
**6 ئۇلار قوي پادىلىرى ۋە كالا پادىلىرىنى ئېلىپ پەرۋەردىگارنى ئىزدەشكە بارىدۇ؛**
**بىراق ئۇلار ئۇنى تاپالمايدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئۆزىنى تارتىپ ئۇلاردىن يىراقلاشتى.**
**7 ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلدى،**
**چۈنكى ئۇلار باللارنى ھارامدىن تۇغدۇرغان؛**
**ئەمدى «يېڭى ئاي» ئۇلارنى نېسىۋىلىرى بىلەن يەپ كېتىدۇ.**
**8 گىبېئاھتا سۇنايىنى، راماھدا كانايىنى چېلىڭلار؛**
**بەيت-ئاۋەندە ئاگاھ سىگنالىنى ئاڭلىتىڭلار؛**
**كەينىڭدە! قارا، ئى بىنيامىن!**

---

3:5 **«ئى ئەفرائىم، سەن ... پاھىشىلىك قىلدىڭ»** ــ ئەفرائىمنىڭ پەرۋەردىگاردىن ۋاز كېچىپ بۇتلارغا باغلىنىشى «روھىي پاھىشىلىك»كە باراۋەردۇر.

4:5 ھوش. 12:4

5:5 ھوش. 10:7

6:5 **«قوي، كالا پادىلىرىنى ئېلىش»** ــ كۆپ قۇربانلىقلارنى قىلىشنى مەقسىتى قىلىدۇ، ئەلۋەتتە

7:5 **«يېڭى ئاي»** ــ ھېيت ياكى «يېڭى باشلىنىش» بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئامان-ئېسەنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىغا خاتىمە بېرىلىدۇ، شۇ ۋاقىت كەلگەندە ئۇلارغا بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچىلارنىڭ يولى ئېچىلىدۇ، دېمەكچى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرەزلا قىلالايمىز. تۆۋەندە، 8-15-ئايەتلەردە ئالدىنئالا ئېيتىلغان تاجاۋۇزچىلىق «يېڭى ئاي»دا باشلىنارمىكىن؟

8:5 **«گىبېئاھتا سۇنايىنى، راماھدا كانايىنى چېلىڭلار؛ بەيت-ئاۋەندە ئاگاھ سىگنالىنى ئاڭلىتىڭلار؛ كەينىڭدە! قارا، ئى بىنيامىن!»** ــ بىنيامىن ئون ئىككى قەبىلىنىڭ بىرى، يەھۇداغا بېقىندى بولغان، «ئىسرائىل»، يەنى «شىمالىي پادىشاھلىق»نىڭ جەنۇبىي چېگراسىدا.

9 ئەفرائىم ئەيىبلىنىدىغان كۈنىدە ۋەيرانە بولىدۇ؛
مانا، ئىسرائىل قەبىلىلىرى ئارىسىدا بېكىتىلگەن ئىشنى ئايان قىلدىم!
10 يەھۇدانىڭ ئەمىرلىرى پاسىل تاشلارنى يۆتكىگۈچىگە ئوخشاشتۇر؛
مەن ئۇلار ئۈستىگە غەزىپىمنى سۇدەك تۆكۈۋېتىمەن.
11 ئەفرائىم خورلانغان، جازايىمدا ئېزىلگەن،
چۈنكى ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ «پاسكىنىلىق»نى قوغلاپ يۈردى.
12 شۇڭا مەن ئەفرائىمغا كۈيە قۇرتى،
يەھۇدا جەمەتىگە چىرىتكۈچ بولىمەن.
13 ئەمدى ئەفرائىم ئۆزىنىڭ كېسىلىنى،
يەھۇدا ئۆز يارىسىنى كۆرگەندە،
ئەفرائىم ئاسۇرىيەلىكنى ئىزدەپ باردى،
«جېدەلخور پادىشاھ»غا تەلپىنى يوللىدى؛
بىراق ئۇ ھەم سىلەرنى ساقايتالمايتتى، -
ھەم يارائىلارىنىمۇ داۋالىيالمايتتى.

---

بۇ بېشارەتتە ئىككى ئىمكانىيەت بار: — (1) يەھۇدا ئۆزى ئىسرائىلغا تاجاۋۇز قىلىدۇ، ئاندىن ئىسرائىل بىلەن يەھۇدا بىر-بىرى بىلەن سوقۇشىدۇ؛ نەتىجىدە ئىسرائىل ئاسۇرىيەدىن ياردەم سورايدۇ (13-ئايەت) (10-ئايەتتە يەھۇدانىڭ ھۆكۈمرانلارىنىڭ جاھانگىرلىكى، ئاچىزلارنى بوزەك قىلىپ ئېكسپلىتاتسىيە قىلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ)؛ (2) بېشارەت ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 733-يىلى ئۇلار ئىسرائىلنىڭ شىمالىي قەبىلىلىرىنى ئېلىپ كەتتى: 722-يىلى پۈتكۈل ئىسرائىلنى ئىشغال قىلدى: 702-يىلى يەھۇداغا تاجاۋۇز قىلدى).
—بىز ئىككىنچى ئىمكانىيەتكە مايىلمىز. ئىسرائىلنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغا تۇتاشقان بۇ شەھەرلەر قىستاققا ئېلىنىدىغان بولسا (ھۇجۇم شىمالدىن كەلگەن ئەھۋالدا)، ئۇنداقتا ئىسرائىلنىڭ قالغان جايلىرى نېمىدېگەن قىيىنلىدىغان بولىدۇ! ئىسرائىل ئاسۇرىيەدىن ياردەم سورىغاندىن كېيىن (شۇنداقلا ئاسۇرىيەگە پۇل بەرگەندىن كېيىن!)، ئۇلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان.
11:5 **«ئەفرائىم... ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ «پاسكىنىلىق»نى قوغلاپ يۈردى»** — «پاسكىنىلىق» بەلكىم بىرخىل بۇتنى كۆرسىتىدۇ.
13:5 **«ئەفرائىم ئاسۇرىيەلىكنى ئىزدەپ باردى، «جېدەلخور پادىشاھ»غا تەلپىنى يوللىدى»** — ئاسۇرىيەلىكلەر ئۆز پادىشاھىغا بەرگەن ئۇنۋانىنى، يەنى «ئۇلۇغ پادىشاھ» دېگەنىنىڭ ئىملاسىنى ھوشىيا قەستەن ئۆزگەرتىپ، ئۇنى كىنايە بىلەن «جېدەلخور پادىشاھ» (ئىبرانىي تىلدا

14 چۈنكى مەن ئەفرائىمغا شىردەك،
يەھۇدا جەمەتىگە ئارسلاندەك بولىمەن؛ مەن، يەنى مەنكى، ئۇلارنى
تىتما-تىتما قىلىۋېتىپ، كېتىپ قالىمەن؛
ئۇلارنى ئېلىپ كېتىمەن، قۇتقۇزالايدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ؛
15 مەن كېتىمەن، ئۇلار گۇناھىنى تونۇپ يېتىپ، يۈزۈمنى ئىزدىمىگۈچە
ئۆز جايىمغا قايتىپ تۇرىمەن؛
بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇلار مېنى ئىنتىلىپ ئىزدەيدۇ.

## ئىسرائىلنىڭ يۈزەكى جاۋابى

6 1 «كېلىڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا قايتايلى؛
چۈنكى ئۇ تىتما-تىتما قىلىۋەتتى، بىراق ساقايتىدۇ؛
ئۇرۇۋەتتى، بىراق بىزنى تېڭىپ قويىدۇ.
2 ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنى جانلاندۇرىدۇ؛
ئۈچىنچى كۈنى ئۇ بىزنى تىرىلدۈرىدۇ،
بىز ئۇنىڭ يۈزى ئالدىدا ھايات ياشايمىز!
3 ۋە بىز ئۇنى بىلىدىغان بولىمىز!
بىز پەرۋەردىگارنى تونۇش ھەم بىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىپ قوغلايمىز!
ئۇنىڭ بىزنى قۇتقۇزۇشقا چىقىشى تاڭ سەھەرنىڭ بولۇشىدەك مۇقەررەر؛
ئۇ يېنىمىزغا يامغۇردەك، يەر-زېمىننى سۇغىرىدىغان «كېيىنكى يامغۇر»دەك چۈشۈپ كېلىدۇ!».

«يارەب پادىشاھ») دەپ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاسۇرىيە پادىشاھلىرى دەل مۇشۇ خاراكتېردا بولغان، ئۇ باشقا ئەللەر بىلەن سوقۇشۇشقا ھەرقانداق باھانە-سەۋەبلەرنى چىقارغۇچى ئىدى.

3:6 **«ئۇ يېنىمىزغا يامغۇردەك، يەر-زېمىننى سۇغىرىدىغان «كېيىنكى يامغۇر»دەك چۈشۈپ كېلىدۇ!»** ــ «كېيىنكى يامغۇر» بولسا قانائاندا (پەلەستىندە) 3- ياكى 4-ئايدا ياغىدۇ، ئۇ ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنىڭ پىشىشىدا ھالقىلىق رولىنى ئوينايدۇ. بۇ يامغۇرلار بولمىسا ھوسۇل بولمايدۇ. **«بىز ئۇنى بىلىدىغان بولىمىز!... ئۇ ... «كېيىنكى يامغۇر»دەك چۈشۈپ كېلىدۇ!»** ــ ئالىملارنىڭ بۇ ئۈچ ئايەت (1-3) ئۈستىدە ئۈچ خىل پىكرى بار: ــ (1) بۇ ئىسرائىلنىڭ ئاخىرقى زاماندا توۋا قىلىدىغان دۇئاسى (چۈنكى ئىسرائىللار ھوشىيانىڭ دەۋرىدە توۋا قىلغان ئەمەس)؛ (2)

## خۇدانىڭ داد-پەريادى

4 ئى ئەفرائىم، سېنى قانداق قىلسام بولار؟
ئى يەھۇدا، سېنى قانداق قىلسام بولار؟
چۈنكى ياخشىلىقىڭلار سەھەردىكى بىر پارچە بۇلۇتتەك،
تېزدىن يوقاپ كېتىدىغان شەبنەمدەكتۇر.
5 شۇڭا مەن پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئۇلارنى چېپىۋەتكەن؛
ئاغزىمدىكى سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنمەن؛
مېنىڭ ھۆكۈمۈم تاڭ نۇرىدەك چىقىدۇ.
6 چۈنكى مەن قۇربانلىقلاردىن ئەمەس، بەلكى مېھىر-مۇھەببەتتىن، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلاردىن كۆرە، خۇدانى تونۇش ھەم بىلىشتىن خۇرسەنلىك تاپىمەن.

---

بۇ ھوشىيا پەيغەمبەرنىڭ: «پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا قايتايلى» دېگەن دەۋىتى؛ (3) بۇ ئىسرائىلنىڭ شۇ چاغدىكى يۈزەكى بىر ئىنكاسى، خالاس. سۆزلەر چىرايلىق بولسىمۇ خۇدا ئۇنى يۈزەكى دەپ قارايدۇ (4-ئايەتنى كۆرۈڭ). شۇڭا بىز ئۇچىنچى ئىمكانىيەتكە قايىلمىز. چۈنكى بۇ سۆزلەردە ئۆز گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىدىغان كونكرېت گەپ كەمچىل. ئەگەر دۇئادا تووا قىلىدىغان سۆزلەر بار بولغان بولسا ئىنتايىن ياخشى بىر دۇئا بولاتتى؛ 14-بابتا ھەقىقىي تووا قىلىدىغان دۇئا تېپىلىدۇ.

5:6 **«مەن پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئۇلارنى چېپىۋەتكەن...»** — خۇدا پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن قېتىم ئىسرائىلغا جازاسىنى ئېلىپ بارىدىغان ھۆكۈملىرىنى ئۇقتۇرغانىدى؛ دېمەك، ئۇ دەرھال جازالىرىنى ئەۋەتمەيدۇ، بەلكى ئاۋۋال پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇپ، تووا قىلىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ؛ پەقەت تووا قىلمىسا جازاسىنى چۈشۈرىدۇ. جازالار چۈشكەندە ئىسرائىللار «چېپىۋېتىلگەن، ...ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن» ئىدى. يۇقىرىدا (3-ئايەتتە) ئىسرائىل ساختىپەزلىك بىلەن «خۇدانىڭ بىزنى قۇتقۇزۇشقا چىقىشى ... تاڭ سەھەرنىڭ بولۇشىدەك مۇقەررەر» دېگەنىدى، بىراق ھازىر خۇدا: «**مېنىڭ ھۆكۈملىرىم** تاڭ نۇرىدەك چىقىدۇ» دەيدۇ.

6:6 **«مەن قۇربانلىقلاردىن ئەمەس، بەلكى مېھىر-مۇھەببەتتىن، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلاردىن كۆرە، خۇدانى تونۇش ھەم بىلىشتىن خۇرسەنلىك تاپىمەن»** — خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق قۇربانلىقلارنى تەلەپ قىلغان. بىراق كېيىنكى كۆپ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق، بۇلار مېنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىم ئەمەس، بەلكى: (1) ئۆز خەلقىمنىڭ ماڭا قاراتقان چىن كۆڭلىدىكى ئىبادەت ۋە مۇھەببىتىنى ئىزدەيمەن (شۇنداق ئىشلار پەقەت مەسىھنىڭ نىجاتى ۋە مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، ئەلۋەتتە)؛ (2) قۇربانلىقلار سۇنۇلغاندا، ئەگەر ئىخلاسمەنلىك ۋە مۇھەببەت بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇلارنى قىلمىغىنىڭلار تۈزۈك، دەپ ئۇقتۇرغان.

**6:6** مات. 13:9؛ 7:12

7 بىراق ئۇلار ئادەمئاتىدەك ئەھدىگە ئىتائەتسىزلىك قىلغان؛
ئۇلار مانا شۇ يول بىلەن ماڭا ئاسىيلىق قىلغان.
8 گىلېئاد بولسا قەبىھلىك قىلغۇچىلارنىڭ شەھىرى؛
ئۇ قان بىلەن بويالغان.
9 قاراقچىلار ئادەمنى پايلىغاندەك،
كاھىنلار توپى شەكەمگە بارىدىغان يولدا قاتىللىق قىلماقتا؛
بەرھەق، ئۇلار ئىپلاسلىق قىلماقتا.
10 ئىسرائىل جەمەتىدە يىرگىنچلىك بىر ئىشنى كۆردۈم؛
ئەفرائىمنىڭ پاھىشىلىكى شۇ يەردە تېپىلىدۇ،
ئىسرائىل بۇلغاندى.
11 يەنە ساڭىمۇ، ئى يەھۇدا، تېرىغان گۇناھلىرىڭنىڭ ھوسۇلى
بېكىتىلگەندۇر!

# 7

1 مەن ئۆز خەلقىمنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئازادلىققا
ئېرىشتۈرەي دېگەندە،
مەن ئىسرائىلنى ساقايتاي دېگەندە،
ئەمدى ئەفرائىمنىڭ قەبىھلىكى، سامارىيەنىڭ رەزىللىكىمۇ
ئاشكارىلىنىدۇ؛
چۈنكى ئۇلار ئالدامچىلىق قىلىدۇ؛
ئوغرىلار بولسا بۆسۈپ كىرىۋاتىدۇ،
قاراقچىلار توپى سىرتتا بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ.
2 ئۇلار كۆڭلىدە مېنىڭ ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىللىكلىرىنى ئېسىمدە
تۇتقانلىقىمنى ئويلىمايدۇ؛
ھازىر ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۆزلىرىنى قىستاۋاتىدۇ؛
بۇ ئىشلار كۆز ئالدىمدىدۇر.

7:6 ھوش. 1:8

## ئوردىدىكى سۇيىقەستلەر

3 ئۇلار پادىشاھنى رەزىللىكلىرى بىلەن،
ئەمىرلەرنى يالغان گەپلىرى بىلەن خۇرسەن قىلىدۇ؛
4 ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىناخورلار؛
ئۇلار ناۋاي ئوت سالغان تونۇردەك؛
ناۋاي خېمىرنى يۇغۇرۇپ، خېمىر بولغۇچە ئۇنىڭ ئوتىنى يەنە ئۇلغايتمايدۇ؛
5 پادىشاھىمىز تەبرىكلەنگەن كۈندە، ئەمىرلەر شارابنىڭ كەيپى بىلەن ئۆزلىرىنى زەئىپلەشتۈردى؛
پادىشاھ بولسا مازاق قىلغۇچىلار بىلەن قول ئېلىشىشقا ئىنتىلدى!
6 چۈنكى ئۇلار كۆڭلىنى تونۇردەك قىزىتىپ سۇيىقەست پۈكۈپ قويغاندى؛
كېچىچە ئۇلارنىڭ غەزىپى چوغلىنىپ تۇرىدۇ؛
سەھەردىلا ئۇ يانغان ئوتتەك يالقۇنلاپ كېتىدۇ.

---

4:7 **«ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىناخورلار؛ ئۇلار ناۋاي ئوت سالغان تونۇردەك...»** — «ئۇلار» بەلكىم كاھىنلار (ئۇلار يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى). ئەسلىدە كاھىنلار «مۇقەددەس قانۇن»نى بىلگىنى ئۈچۈن، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا مۇھىم رولى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە ئۇلار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەيدۇ. **«ئۇلار ناۋاي ئوت سالغان تونۇردەك؛ ناۋاي خېمىرنى يۇغۇرۇپ، خېمىر بولغۇچە ئۇنىڭ ئوتىنى يەنە ئۇلغايتمايدۇ»** — ناۋاي خېمىرنى بولدۇرۇش ئۈچۈن سەل ئىسسىق ئۆتسۇن دەپ تونۇرنىڭ يېنىغا قويىدۇ، بىراق شۇ ۋاقىتلاردا تونۇرنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتمايدۇ.

5:7 **«پادىشاھ بولسا مازاق قىلغۇچىلار بىلەن قول ئېلىشىشقا ئىنتىلدى!»** — «مازاق قىلغۇچىلار» يەنە كاھىنلار (ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر؟) بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە پادىشاھنى قوغدىشى كېرەك بولغان ئەمىرلەر مەست بولغاندا، پادىشاھ ئۆزىنى قەست قىلماقچى بولغان «مازاق قىلغۇچىلار» بىلەن «قول تۇتۇشۇپ»، ھېچ بىلمەيلا خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشىدۇ.

6:7 **«كېچىچە ئۇلارنىڭ غەزىپى چوغلىنىپ تۇرىدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇلارنىڭ «ناۋىيى» بولسا كېچىچە ئۇخلايدۇ». **«... ئۇلار كۆڭلىنى تونۇردەك قىزىتىپ سۇيىقەست پۈكۈپ قويغاندى؛ ... سەھەردىلا ئۇ يانغان ئوتتەك يالقۇنلاپ كېتىدۇ»** — 4-6-ئايەتلەردىكى ئىش بەلكىم: (1) پادىشاھ ئوردىسىدا مەلۇم بىر تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. (2) ئەمىرلىرى مەست بولۇپ كەتتى. (3) پادىشاھنى قەستلىگەن كاھىنلار كېچىچە پۇرسەت كۈتۈپ يۈردى. (4) ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ پادىشاھقا بولغان نەپرىتى تونۇردىكى يالقۇنلىغان ئوتتەك پارتلىدى ۋە ئۇلار پادىشاھنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

7 ئۇلارنىڭ ھەممىسى تونۇردەك قىزىقتۇر، ئۇلار ئۆز سوراقچىلىرىنى
يەپ كېتىدۇ؛
ئۇلارنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى يىقىلدى ــ
ئۇلاردىن ھېچكىم مېنى نىدا قىلىپ چاقىرمايدۇ!

## خۇدانىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلمايدىغان بىر خەلق

8 ئەفرائىم يات قوۋملار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى؛
ئۇ «ئۆرۈلمىگەن بىر قوتۇرماچ»دەكتۇر.
9 يات ئادەملەر ئۇنىڭ كۈچىنى يەپ كەتتى، بىراق ئۇ ھېچ سەزمەيدۇ؛
بەرھەق، بېشىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە ئاق چاچلار كۆرۈنىدۇ، بىراق ئۇ
ھېچ بىلمەيدۇ؛

---

7:7 **«ئۇلاردىن ھېچكىم مېنى نىدا قىلىپ چاقىرمايدۇ!»** ــ «ئۇلاردىن» ــ بەلكىم پادىشاھلاردىن.
—مەزكۇر بېشارەتلەرنىڭ ئىسرائىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرىدىن قايسىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك تەس. ئىسرائىل پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئالتە پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغان. ئالتىسىدىن تۆت پادىشاھ قەستلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ۋەقەلەر تەۋرات، «2پاد.» 15-17-بابلاردا بايان قىلىنغان. ھالقىلىق نۇقتىلار شۇكى: (1) كاھىنلار ئىنتايىن رەزىل؛ زىناخور، قاتىللار ئىدى. (2) ئاز دېگەندىمۇ بىر پادىشاھ ئۇلار تەرىپىدىن قەستلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن؛ (3) ئەمىرلەر ئىنتايىن بىخۇد ئادەملەر، پادىشاھنىڭ بىختەرلىكىنى ھېچ ئويلىمايتتى؛ (4) پادىشاھلارنىڭ ھېچقايسىسى خۇداغا تايانمىدى (شۇڭلاشقا «يىقىلدى»). (5) كاھىنلار كۆپ «سوتچىلار»نىمۇ قەستلەپ ئۆلتۈردى (7-ئايەت).
8:7 **«ئەفرائىم يات قوۋملار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى»** ــ «ئەفرائىم»نىڭ مەزكۇر كىتابتا ئىسرائىلنىڭ ئورنىدا ياكى ئىسرائىلغا ۋەكىل قىلىپ كۆپ ئىشلىتىلىشىنىڭ سەۋەبى، بەلكىم بۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلنىڭ شىمالىي قەبىلىلىرى ئاسۇرىيە تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئېلىپ كېتىلگەن؛ ئەفرائىم قەبىلىسى يالغۇز قالغانىدى. **«ئۇ «ئۆرۈلمىگەن بىر قوتۇرماچ»دەكتۇر»** ــ دېمەك، بىر تەرىپى كۆيۈك، بىر تەرىپى پىشمىغان. ئىسرائىل بەلكىم باشقا قوۋملار بىلەر كۆپ ئارىلىشىپ، بىر تەرىپى بۇتپەرەسلەرگە ئوخشاش بولۇپ قالغان، «كۆيۈپ كەتكەن»؛ بىراق ئۇلار خۇدا تەرەپتە ھېچ پىشمىغان، ئۇلارنىڭ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يوق دېيەرلىك.
**8:7** زەب. 35:106
9:7 **«يات ئادەملەر ئۇنىڭ كۈچىنى يەپ كەتتى»** ــ «ئۇنىڭ كۈچى» بەلكىم ئىسرائىلنىڭ ئىرادىسى، ئىمان-ئېتىقادىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بۇتپەرەس خەلق بىلەن كۆپ ئارىلىشىپ ئېتىقادى ئاجىزلاشقان. باشقا ئالىملارنىڭ پىكرىچە، «كۈچ» ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**10 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ تەكەببۇرلۇقى ئۆزىگە قارشى گۇۋاھ بېرىدۇ؛**
**ئۇلار پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ يېنىغا قايتمايدۇ؛**
**ياكى شۇنداق ئىشلار بېشىغا چۈشكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئىزدىمەيدۇ.**
**11 ئەفرائىم ھېچ ئەقلى يوق نادان بىر پاختەكتەك؛**
**مىسىرغا قاراپ سايرايدۇ، ئاسۇرىيەنى ئىزدەپ بارىدۇ؛**
**12 ئۇلار بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تورۇمنى تاشلايمەن؛**
**خۇددى ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارنى تورغا چۈشۈرگەندەك ئۇلارنى چۈشۈرىمەن؛**
**بۇ خەۋەر ئۇلارنىڭ جامائىتىگە يېتىشى بىلەنلا، ئۇلارنى جازالايمەن.**
**13 ئۇلارغا ۋاي! چۈنكى ئۇلار مەندىن يىراقلىشىپ تېنىپ كەتتى!**
**ئۇلار ھالاك بولسۇن! چۈنكى ئۇلار ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى!**
**مەن ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ ھۆرلۈككە چىقىراي دېگەندە،**
**ئۇلار مەن توغرۇلۇق يالغان گەپ قىلىدۇ!**
**14 ئۇلار ئورنىدا يېتىپ نالە قىلغاندا،**
**ماڭا كۆڭلىدە ھېچ نىدا قىلمىدى؛**
**ئۇلارنىڭ جامائەتكە يىغىلىشى پەقەت ئاش ۋە يېڭى شاراب ئۈچۈندۇر، خالاس؛**
**ئۇلار مەندىن چەتلەپ كەتتى.**

**10:7** ھوش. 5:5

11:7 **«ئەفرائىم... مىسىرغا قاراپ سايرايدۇ، ئاسۇرىيەنى ئىزدەپ بارىدۇ»** — ئىسرائىل تولىمۇ تۇتۇرۇقسىز بولۇپ، خۇدانىڭ سۆزىگە ھېچ ئىشەنمەي، بىردەم مىسىردىن، بىردەم ئاسۇرىيەدىن ياردەم سورايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىككىلا تەرەپ ئىسرائىلغا ساتقۇنلۇق قىلىدۇ.

12:7 **«بۇ خەۋەر ئۇلارنىڭ جامائىتىگە يېتىشى بىلەنلا، ئۇلارنى جازالايمەن.»** — ئايەتنىڭ ئاخىرقى بۇ قىسمىنىڭ باشقا ئىككى تەرجىمىسى: «ئۇلارنىڭ جامائىتى ئاڭلىغاندەك، ئۇلارنى جازالايمەن» ياكى «ئۇلار توپلىنىۋاتىدۇ» دەپ ئاڭلىغىنىمدىلا، ئۇلارنى جازالايمەن». يەنە باشقا تەرجىمىلىرىمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن. ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش تەس.

14:7 **«ئۇلارنىڭ جامائەتكە يىغىلىشى پەقەت ئاش ۋە يېڭى شاراب ئۈچۈندۇر، خالاس»**

15 بەرھەق، مەن ئەسلى ئۇلارنى تەربىيىلىگەنمەن،
ئۇلارنىڭ بىلەكلىرىنى چىڭىتقۇرۇپ كۈچەيتكۈزگەنىدىم؛
بىراق ئۇلار ماڭا قارشى يامانلىق قەستلەۋاتىدۇ.
16 ئۇلار بۇرۇلدى ــ بىراق بۇرۇلۇشى ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىغا قايتىش
ئۈچۈن ئەمەس؛
ئۇلار ئالدامچى بىر ئوقياغا ئوخشاش.
ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ غالجىرانە تىل-ئاھانەتلىرى
ۋەجىدىن قىلىچلىنىدۇ؛
بۇ ئىش مىسىر زېمىنىدا ئۇلارنى مەسخىرىگە قالدۇرىدۇ.

## «ئۇلار شامال تېرىيدۇ، قارا قۇيۇننى ئورىدۇ!»

8 1 كاناينى ئاغزىڭغا سالغىن!
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈستىدە بىر قورۇلتاز ئايلىنىپ يۈرىدۇ!
چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ئەھدەمنى بۇزغان،
تەۋرات-قانۇنۇمغا ئىتائەتسىزلىك قىلغان.
2 ئۇلار ماڭا: «ئى خۇدايىم، بىز ئىسرائىل خەلقى سېنى تونۇيمىز!» دەپ
ۋارقىرايدۇ.

ــ دېمەك، ئۇلارنىڭ ھېيتلىرى خۇدا ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆز تاماشىلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار ئاش ۋە يېڭى شاراب تىلەپ (بۇتلىرىنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن) ئۆز ئەتلىرىنى تىلىدۇ».

**16:7 «ئۇلار بۇرۇلدى ــ بىراق بۇرۇلۇشى ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىغا قايتىش ئۈچۈن ئەمەس؛ ئۇلار ئالدامچى بىر ئوقياغا ئوخشاش»** ــ «ئالدامچى ئوقيا» توپ-توز ئاتمايدۇ، ئوقلار ھەردائىم بۇرۇلۇپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ باشقا خىل تەرجىمىلىرى بار.

**16:7** زەب. 57:78

**1:8 «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئۈستىدە بىر قورۇلتاز ئايلىنىپ يۈرىدۇ!»** ــ قورۇلتاز پەقەت ئۆلۈكلەرگە ياكى «ئۆلەي دەپ قالغان» جانىۋارلارغا قىزىقىدۇ، ئەلۋەتتە (باشقا خىل تەرجىمىلىرىدە «بۈركۈت» دېيىلىدۇ).

**1:8** قان. 49:28؛ ھوش. 7:6

3 ئىسرائىل ياخشىلىق-مېھرىبانلىقنى تاشلىۋەتكەن؛
شۇڭا دۈشمەن ئۇنى قوغلايدۇ.
4 ئۇلار ئۆزلىرى پادىشاھلارنى تىكلىگەن، بىراق مەن ئارقىلىق ئەمەس؛
ئۇلار بەزىلەرنى ئەمىر قىلغان، بىراق ئۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق؛
ئۇلار ئۆز جېنىغا زامىن بولۇش ئۈچۈن،
ئۆزلىرىگە بۇتلارنى كۈمۈش-ئالتۇنلىرىدىن ياسىغان.
5 ئى سامارىيە، سېنىڭ موزىيىڭ سېنى تاشلىۋەتتى!
مېنىڭ غەزىپىم ئۇلارغا قوزغالدى؛
ئۇلار قاچانغىچە پاكلىقتىن يىراق تۇرىدۇ؟
6 شۇ نەرسە ئىسرائىلدىن چىققانغۇ ـ
ئۇنى بىر ھۈنەرۋەن ياسىغان، خالاس؛ ئۇ خۇدا ئەمەس؛
سامارىيەنىڭ موزىيى دەرۋەقە پارە-پارە چېقىۋېتىلىدۇ!
7 چۈنكى ئۇلار شامال تېرىدى، شۇڭا قارا قۇيۇننى ئورىدۇ!
ئۇلارنىڭ شادىسىدا ھېچ باشاقلار يوق، ئۇ ھېچ ئاش بەرمەيدۇ؛
ھەتتا ئاش بەرگەن بولسىمۇ، يات ئادەملەر ئۇنى يۇتۇۋالغان بولاتتى.
8 ئىسرائىل يۇتۇۋېلىندى؛
ئۇلار يات ئەللەر ئارىسىدا يارىماس بىر قاچا بولۇپ قالدى؛
9 چۈنكى ئۇلار يالغۇز يۈرگەن ياۋايى ئېشەكتەك ئاسۇرىيەنى ئىزدەپ چىقتى؛

---

3:8 **«ئىسرائىل ياخشىلىق-مېھرىبانلىقنى تاشلىۋەتكەن»** ــ بۇ ئىككى بىسلىق سۆز؛ ئۇلار ئۆزلىرى ياخشىلىق قىلىشتىن قول ئۈزگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ، خۇدانىڭ ياخشىلىقىدىن مەھرۇم بولغان.

4:8 **«ئۇلار ئۆزلىرى پادىشاھلارنى تىكلىگەن، بىراق مەن ئارقىلىق ئەمەس»** ــ «ئۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق» ــ دېمەك، بۇ ئىش ماڭا يات بولدى، مەن ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدىم.

5:8 **«ئى سامارىيە، سېنىڭ موزىيىڭ سېنى تاشلىۋەتتى!»** ــ بۇ كىنايىلىك گەپ. ئىسرائىلدىكى موزاي شەكلىدىكى بۇت ئۇلارنى قۇتقۇزمىغان. «بائال» ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ تاۋاپگاھى «بەيت-ئەل»دىكى بۇتمۇ «موزاي شەكلى»دە ئىدى (باشقا خىل تەرجىلىرىمۇ بار).

7:8 **«ئۇلار شامال تېرىدى، شۇڭا قارا قۇيۇننى ئورىدۇ! ئۇلارنىڭ شادىسىدا ھېچ باشاقلار يوق، ئۇ ھېچ ئاش بەرمەيدۇ؛ ھەتتا ئاش بەرگەن بولسىمۇ، يات ئادەملەر ئۇنى يۇتۇۋالغان بولاتتى»** ــ ئىسرائىللار ھەردائىم «بائال»دىن ياخشى ھوسۇل تىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئويلىشىچە «بائال»نىڭ «ئالاھىدىلىكى» «مول ھوسۇل بېرىش»مىش.

ئەفرائىم «ئاشنا»لارنى ياللىۋالدى.
10 گەرچە ئۇلار ئەللەر ئارىسىدىن «ياللىۋالغان» بولسىمۇ،
ئەمدى مەن ئۇلارنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىمەن؛
ئۇلار تېزلا «ئەمىرلەرنىڭ شاھى»نىڭ بېسىمى ئاستىدا تولغىنىپ كېتىدۇ.
11 ئەفرائىم «گۇناھ قۇربانلىق»لىرى ئۈچۈن قۇربانگاھلارنى كۆپەيتكىنى بىلەن،
بۇلار گۇناھ قوزغايدىغان قۇربانگاھلار بولۇپ قالدى.
12 مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن تەۋرات-قانۇنۇمدا كۆپ تەرەپلىمە نەرسىلەرنى يازغان بولساممۇ،
ئۇلار يات بىر نەرسە دەپ ھېسابلانماقتا.
13 ئۇلار قۇربانلىقلارغا ئامراق! ئۇلار ماڭا قۇربانلىقلارنى قىلىپ، گۆشىدىن يەيدۇ،
بىراق پەرۋەردىگار بۇلاردىن ھېچ خۇرسەنلىك ئالمايدۇ؛
ئۇ ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى ھازىر ئېسىگە كەلتۈرۈپ،
گۇناھلىرىنى ئۆز بېشىغا چۈشۈرىدۇ؛
ئۇلار مىسىرغا قايتىدۇ!

---

**10:8 «ئۇلار تېزلا «ئەمىرلەرنىڭ شاھى»نىڭ بېسىمى ئاستىدا تولغىنىپ كېتىدۇ»** — «ئەمىرلەرنىڭ شاھى» ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ مەخسۇس بىر ئۇنۋانى.

**10:8** يەش. 8:10

**11:8 «ئەفرائىم «گۇناھ قۇربانلىق»لىرى ئۈچۈن قۇربانگاھلارنى كۆپەيتكىنى بىلەن، بۇلار گۇناھ قوزغايدىغان قۇربانگاھلار بولۇپ قالدى»** — «گۇناھ قۇربانلىقى»لار توغرۇلۇق «لاۋ.» 4-5-بابلارنى كۆرۈڭ.

—مەزكۇر قۇربانگاھلارنى «پەرۋەردىگارغا ئاتاپ» ياسالغاندى. ئەسلىدە خۇدانىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە يېرۇسالېمدىندىكى ئىبادەتخانىنىڭ قۇربانگاھىدىن باشقا، ئىسرائىللارنىڭ ھېچقانداق قۇربانگاھنى ياسىماسلىقى كېرەك. دەرۋەقە، ئۇلار ياسالغاندىن كېيىن، تېزلا بۇتپەرەس تاۋاپگاھلارغا ئايلىنىپ قالغاندى.

**13:8 «ئۇلار قۇربانلىقلارغا ئامراق! ئۇلار ماڭا قۇربانلىقلارنى قىلىپ، گۆشىدىن يەيدۇ،...»** — بۇ ئايەتنىڭ ھەرخىل تەرجىملىرى بولغىنى بىلەن، ئومۇمىي مەنىسى تەرجىمىمىزنىڭكىدەك. **«گۇناھلىرىنى ئۆز بېشىغا چۈشۈرىدۇ؛ ئۇلار مىسىرغا قايتىدۇ!»** — مىسىر ئىسرائىللار

14 چۈنكى ئىسرائىل ئۆز ياسىغۇچىسىنى ئۇنتۇپ، «ئىبادەتخانا»لارنى قۇردى؛
يەھۇدا بولسا ئىستىھكاملاشتۇرۇلغان شەھەرلەرنى كۆپەيتكەن؛
بىراق مەن ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى ئۈستىگە ئوت ئەۋەتىمەن،
ئوت بۇلارنىڭ قەلئە-ئوردىلىرىنى يەپ كېتىدۇ.

## قۇرۇق خۇشاللىق ۋە ھېيتلار

9 1 ئى ئىسرائىل، يات ئەل-يۇرتلاردەك خۇشال بولۇپ شادلىنىپ كەتمەڭلار؛
چۈنكى سەن خۇدايىڭدىن چەتنەپ پاھىشىلىككە بېرىلدىڭ؛
ھەربىر خاماندا سەن پاھىشە ھەققىگە ئامراق بولۇپ كەتتىڭ.
2 خامان ۋە شاراب كۆلچىكى ئۇلارنى باقالمايدۇ؛
يېڭى شاراب ئۇنى يەرگە قارىتىپ قويىدۇ.
3 ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ زېمىنىدا تۇرۇۋەرمەيدۇ؛

---

تۇنجى قېتىملىق ئەسىرلىككە ياكى قۇللۇققا چۈشكەن جاي.

**14:8** 2تار. 10:26، 4:27، يەش. 11-9:22، 2پاد. 12:18

1:9 **«ئى ئىسرائىل، يات ئەل-يۇرتلاردەك خۇشال بولۇپ شادلىنىپ كەتمەڭلار؛ *چۈنكى سەن خۇدايىڭدىن چەتنەپ پاھىشىلىككە بېرىلدىڭ؛ *ھەربىر خاماندا سەن پاھىشە ھەققىگە ئامراق بولۇپ كەتتىڭ»** — (بۇ بابتىكى خەۋەر توغرۇلۇق) ئىسرائىل بۇتپەرەسلىك يولىغا كىرگەن بولسىمۇ، ئۇلار تېخى «ھەممە دىن ئوخشاش» دەپ، بۇتپەرەسلىك پائالىيەتلىرىنى «پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا» ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، شۇنداقلا شۇ پائالىيەتلىرىنى كۆپلەپ ئۆتكۈزۈپ يۈرمەكتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇلار يەنىلا مۇسا پەيغەمبەرگە بۇيرۇلغان كونا ھېيتلارنىمۇ ساقلاپ قالغانىدى، ئۇلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى؛ مۇشۇنداق ھېيتلارنىڭ بولغىنىدىن خۇشال بولۇشۇپ، ھېيت-بايرام تەرەپلىرىدە خېلى «دىندار» بولۇپ كېتىشتى. ھوشيا پەيغەمبەر مۇشۇ بابتىكى خەۋەرنى كۆز بايرىمىدا، يەنى «كەپىلەر ھېيتى» («كەپە تىكىش ھېيتى»)دا ئۇلارغا يەتكۈزگەن بولسا كېرەك.
—«خامان» يىلنىڭ ئەجرىنىڭ نەتىجىسىنى يىغىدىغان جاي بولۇپ، خۇشاللىق بولىدىغان بىر سورۇن، ئەلۋەتتە. بىراق پاھىشە ئاياللار (خەقنىڭ پۇلى بىلەن) پات-پات شۇ سورۇنلارغا چىقاتتى. ئىسرائىللار خامانلىرىدا بەلكىم ئىككى جەھەتتە پاھىشىلىك قىلاتتى؛ (1) مۇشۇ ئاياللار بىلەن؛ (2) روھىي جەھەتتە «بائال»غا چوقۇنۇپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش پائالىيەتلىرىدە.

ئەفرائىم بەلكى مىسىرغا قايتىدۇ،
ئۇلار ئاسۇرىيەدە ھارام تاماقنى يەيدۇ.
4 ئۇلار پەرۋەردىگارغا ھېچ شاراب ھەدىيەلىرىنى قۇيمايدۇ،
ئۇلارنىڭ قۇربانلىقلىرى ئۇنىڭغا ھېچ خۇرسەنلىك بولمايدۇ؛
ئۇلارنىڭ نېنى ماتەم تۇتقۇچىلارنىڭ نېنىدەك بولىدۇ؛
ئۇنى يېگەن ھەركىم «ناپاك» بولىدۇ؛
بۇ نان ھەرگىز پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرمەيدۇ.
5 ئەمدى «جامائەتلەرنىڭ ئىبادەت سورۇنلىرى» كۈندە،
«پەرۋەردىگارنىڭ ھېيتى» بولغان كۈندە قانداق قىلارسىلەر؟
6 چۈنكى مانا، ئۇلار ھەتتا ھالاكەتتىن قاچقان بولسىمۇ، مىسىر ئۇلارنى يىغىۋېلىپ، ئاندىن مېمفىس شەھىرى ئۇلارنى كۆمۈپ قويىدۇ.
ئۇلارنىڭ قەدىرلىك كۈمۈش بۇيۇملىرىنى بولسا، چاققاقلار ئىگىلىۋالىدۇ؛
ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى يانتاق-تىكەنلەر باسىدۇ.

---

4:9 **«... ئۇلارنىڭ نېنى ماتەم تۇتقۇچىلارنىڭ نېنىدەك بولىدۇ؛ ئۇنى يېگەن ھەركىم «ناپاك» بولىدۇ؛ بۇ نان ھەرگىز پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە كىرمەيدۇ»** — مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئادەم بولسۇن، نەرسە بولسۇن جەسەتكە تەگكەن بولسىلا، «ناپاك» دەپ ھېسابلىناتتى. «ناپاك» ئاشنى يېگەن ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ «ناپاك» بولاتتى. شۇڭا «ماتەم تۇتقان» ئادەملەرنىڭ ھەممىسى (بىر مەزگىلگىچە) «ناپاك» دەپ ھېسابلىناتتى. ئەمدى خۇدانىڭ جازاسى بىلەن ئىسرائىل يات ئەل ئارىسىدا ھەردائىم «ھارام-ناپاكلىق» بىلەن ئۇچراشقاچقا، ھەردائىم «ناپاك» بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ «خۇدانىڭ ئۆيىگە» ئۆزلىرى كىرىشى، شۇنداقلا ھەرقانداق «ئاش ھەدىيە»نى ئېلىپ كىرىشى قەتئىي مەنئى قىلىنغان.
5:9 **«ئەمدى «جامائەتلەرنىڭ ئىبادەت سورۇنلىرى» كۈندە، «پەرۋەردىگارنىڭ ھېيتى» بولغان كۈندە قانداق قىلارسىلەر؟»** — بۇ بۇتپەرەس خەلقنىڭ «ناپاك بولىدىغانلىقى» «پەرۋەردىگارنىڭ ھېيتلىرىنى تەبرىكلىيەلمەسلىكى»، «ئىبادەت سورۇنلىرىغا قاتنىشالماسلىقى» قاتارلىقلار ئۇلارغا ئېغىر كەلگەنلىكى بەلكىم ئوقۇرمەنلەرگە غەلىتە تۇيۇلىدۇ. بىراق ئەسلىدە دۇرۇس بولغان بۇ پائالىيەتلەر خۇراپىي ئىشلارغا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار «بۇلارنى ھەردائىم قىلمىساق «يامان بولىدۇ»» دەپ ئويلاپ، قورقۇپ يۈرگەن بولسا كېرەك. تىرىك خۇدادىن قورقماي، خۇراپىيلىق يولىغا خىلاپلىق قىلىشتىن قورقۇش، ھەربىر خەلققە ناھايىتى نومۇس كەلتۈرىدىغان بىر ئىشتۇر.
6:9 **«ئاندىن مېمفىس شەھىرى ئۇلارنى كۆمۈپ قويىدۇ»** — مېمفىس شەھىرى يوغان، ھەيۋەتلىك يەر بولغانلىقى ئۈچۈن داڭقى چىققان. **«ئۇلارنىڭ قەدىرلىك كۈمۈش بۇيۇملىرىنى**

[7] ئەمدى ھېسابلىشىش كۈنلىرى كەلدى،
يامانلىق قايتۇرىدىغان كۈنلەر كەلدى؛
ئىسرائىل بۇنى بىلىپ يەتسۇن!
سېنىڭ قەبىھلىكىڭنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن،
زور نەپرىتىڭ بولغىنى تۈپەيلىدىن،
پەيغەمبەر «ئەخمەق»، روھقا تەۋە بولغۇچى «ساراڭ» دەپ
ھېسابلىنىدۇ.
[8] پەيغەمبەر بولسا ئەفرائىم ئۈستىگە خۇدايىم بىلەن بىللە تۇرغان
كۆزەتچىدۇر؛
بىراق ئۇنىڭغا بارلىق يوللىرىدا قىلتاقلار قويۇلغان،
خۇداسىنىڭ ئۆيىدىمۇ نەپرەت ئۇنى كۈتمەكتە.
[9] گىبېئاھنىڭ كۈنلىرىدىكىدەك ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭقۇر بۇلغىغان،
ئۇ ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ،
ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى جازالايدۇ.

[10] ــ چۆل-باياۋاندا ئۈزۈم ئۇچراپ قالغاندەك، مەن سەن ئىسرائىلنى
تاپقان؛

---

**بولسا، چاققاقلار ئىگىلىۋالىدۇ؛ ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى يانتاق-تىكەنلەر باسىدۇ»** ــ بۇ ئايەتتە «قەدىرلىك كۈمۈش بۇيۇملىرى» ۋە «چېدىرلىرى» بولسا كۈمۈش بىلەن ھەللەنگەن بۇتلار، شۇنداقلا شۇ بۇتلارغا «ماكان بولغان» چېدىرلار كۆزدە تۇتۇلۇشى مۇمكىن.

7:9 **«ئەمدى ھېسابلىشىش كۈنلىرى كەلدى»** ــ «ھېسابلىشىش كۈنلىرى» ئىبرانىي تىلىدا «يوقلاش كۈنلىرى».

8:9 **«پەيغەمبەر بولسا ئەفرائىم ئۈستىگە خۇدايىم بىلەن بىللە تۇرغان كۆزەتچىدۇر؛ ... خۇداسىنىڭ ئۆيىدىمۇ نەپرەت ئۇنى كۈتمەكتە»** ــ ھەقىقىي پەيغەمبەرنىڭ دۈشمەنلىرى (كاھىنلار ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر بولسا كېرەك) ھەتتا خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدىمۇ ئۇنى قەستلىمەكچى بولۇۋاتاتتى.

9:9 **«گىبېئاھنىڭ كۈنلىرىدىكىدەك ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭقۇر بۇلغىغان،...»** ــ گىبېئاھ شەھرىدە بەچچىۋازلىق ھەم قاتىللىق يۈز بەرگەن، ئىسرائىلنى ناھايىتى شەرمەندىچىلىكتە قالدۇرغان («ھاك.» 17-19-بابلار).

ئەنجۈر دەرىخىدە تۇنجى پىشقان مېۋىنى كۆرگەندەك، ئاتا-
بوۋىلىرىڭلارنى ياخشى كۆرگەنمەن؛
ئاندىن ئۇلار «بائال-پېئور»نى ئىزدەپ باردى،
ئۆزلىرىنى ئاشۇ نومۇسلۇق نەرسىگە بېغىشلىدى،
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «سۆيگۈچىسى»گە ئوخشاش يىرگىنچلىك بولدى.
11 ئەفرائىمنىڭ بولسا، شان-شەرىپى قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ
خۇددى تۇغۇلۇش بولۇپ باقمىغاندەك،
ھامىلە بولۇپ باقمىغاندەك،
بويىدا ئاپىرىدە بولۇش بولۇپ باقمىغاندەك!
12 ھەتتا ئۇلار پەرزەنتلىرىنى چوڭ قىلغان بولسىمۇ،
مەن لېكىن ئۇلارنى بىرىنى قالدۇرماي جۇدا قىلىمەن؛
بەرھەق، ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكىنىمدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
13 مەن كۆرگىنىمدە، ئەفرائىمنىڭ ئەھۋالى چىمەنزاردا تىكلەنگەن بىر
«تۇر شەھىرى»دەك ئىدى؛
بىراق ئەفرائىم بالىلىرىنى قەتل قىلغۇچىغا چىقىرىپ بېرىدۇ.
14 ئۇلارغا بەرگىن، ئى پەرۋەردىگار — زادى نېمە بەرگىنىڭ تۈزۈك؟ — ئۇلارغا

---

10:9 **«ئاندىن ئۇلار «بائال-پېئور»نى ئىزدەپ باردى»** — «بائال-پېئور» دېگەن بۇت ۋە بۇ بۇتقا مۇناسىۋەتلىك نومۇسسىزلىق «چۆل.» 25-بابتا خاتىرىلەنگەن. دېمىسەكمۇ، بۇ ئىسرائىل چۆل-باياۋاندا يۈرگەن ۋاقىتتا يۈز بەرگەن. **«ئۆزلىرىنى ئاشۇ نومۇسلۇق نەرسىگە بېغىشلىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «سۆيگۈچىسى»گە ئوخشاش يىرگىنچلىك بولدى»** — دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنغان يىرگىنچلىك بۇتقا ئوخشاش بولدى.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «... ئۆز سۆيگىنىگە ئوخشاش يىرگىنچلىك بولدى».

**10:9** چۆل. 3:25؛ زەب. 28:106

11:9 **«ئەفرائىمنىڭ بولسا، شان-شەرىپى قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ»** — «ئەفرائىمنىڭ شان-شەرىپى» ئۇلارنىڭ پەخرى بولغان ئەۋلاد-پەرزەنتىنى كۆرسىتىدۇ. خۇدا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇكى، ئەۋلاد-پەرزەنتىڭلار مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك بولىسىلەر (12-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

13:9 **«مەن كۆرگىنىمدە، ئەفرائىمنىڭ ئەھۋالى چىمەنزاردا تىكلەنگەن بىر «تۇر شەھىرى»دەك ئىدى»** — «تۇر» لىۋانغا جايلاشقان كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم پورت-دۆلەت ئىدى. باشقا تۆت خىل تەرجىمىسى بار. ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش تەس.

بالا چۈشۈپ كېتىدىغان بالىياتقۇ، قۇرۇق ئەمچەكلەرنى بەرگىن!
15 ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىللىكىنى گىلگالدىن تاپقىلى بولىدۇ؛
چۈنكى مەن شۇ يەردە ئۇلاردىن نەپرەتلەندىم؛
ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن،
ئۇلارنى ئۆيۈمدىن ھەيدىۋېتىمەن؛
مەن ئۇلارنى يەنە سۆيمەيمەن؛
ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسى تەرسالىق قىلىدۇ.
16 ئەفرائىم ئەمدى ئۇرۇۋېتىلدى؛
ئۇلارنىڭ يىلتىزى قاغجىراپ كەتتى، ئۇلار ھېچ مېۋە بەرمەيدۇ؛
ھەتتا ئۇلار مېۋە بەرسىمۇ،
بالىياتقۇسىنىڭ سۆيۈملۈك مېۋىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.
17 مېنىڭ خۇدايىم ئۇلارنى چەتكە قاقتى،
چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى؛
ئۇلار ئەللەر ئارىسىدا سەرسان بولىدۇ.

## پەرۋەردىگارنى ئىزدەش ۋاقتى كەلدى!

10 1 ئىسرائىل باراقسان بىر ئۈزۈم تېلىدۇر؛
ئۇ ئۆزى ئۈچۈن مېۋە چىقىرىدۇ؛
مېۋىسى كۆپەيگەنسېرى ئۇ قۇربانگاھلارنىمۇ كۆپەيتكەن؛

---

14:9 «ئۇلارغا بالا چۈشۈپ كېتىدىغان بالىياتقۇ، قۇرۇق ئەمچەكلەرنى بەرگىن!» — پەيغەمبەرنىڭ بۇ دۇئاسى بەلكىم ئۇلارنى باللارنىڭ قەتل قىلىنىشى ئازابىنى كۆرمىسۇن، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.
14:9 لۇقا 29:23
15:9 «ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىللىكىنى گىلگالدىن تاپقىلى بولىدۇ» — «گىلگال» ئۇلارنىڭ ئىككىنچى چوڭ بۇتپەرەس تاۋاپگاھى ئىدى.
15:9 يەش. 1:23؛ ھوش. 15:4؛ 12:12
16:9 «ئۇلارنىڭ ئەفرائىمنىڭ يىلتىزى قاغجىراپ كەتتى، ھەتتا ئۇلار مېۋە بەرسىمۇ» — مۇشۇ يەردە باللارنى كۆرستىدۇ. ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى كۆرۈڭ.

**زېمىنىنىڭ ئېسىللىقىدىن ئۇلار «ئېسىل» بۇت تۈۋرۈكلىرىنى ياسىدى.**
**[2] ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئالا؛**
**ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىقى ھازىر ئاشكارىلىنىدۇ؛**
**ئۇ ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرىنى چېقىپ غۇلىتىدۇ،**
**ئۇلارنىڭ بۇت تۈۋرۈكلىرىنى بۇزۇۋېتىدۇ.**
**[3] چۈنكى ئۇلار پات ئارىدا: «بىزدە پادىشاھ يوق، چۈنكى پەرۋەردىگاردىن قورقمىدۇق؛**
**پادىشاھىمىز بار بولسىمۇ، ئۇ بىزگە نېمە قىلىپ بېرىدۇ؟» ــ دەيدىغان بولىدۇ.**
**[4] ئۇلار گەپلەرنى قىلىۋېرىدۇ، ئەھدىنى تۈزۈپ قويۇپ يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ؛**
**شۇڭا ئۇلار ئارىسىدىكى دەۋالىششلار ئېتىزدىكى چۆنەكلەرگە شۈمبۈيا ئۈنۈپ كەتكەندەك بولىدۇ.**
**[5] سامارىيەدە تۇرۇۋاتقانلار «بەيت-ئاۋەن»نىڭ موزىيى ئۈچۈن غەم-**

---

1:10 **«مۇسى كۆپەيگەنسېرى ئۇ ئىسرائىل قۇربانگاھلارنىمۇ كۆپەيتكەن؛ زېمىنىنىڭ ئېسىللىقىدىن ئۇلار «ئېسىل» بۇت تۈۋرۈكلىرىنى ياسىدى»** ــ دېمىسەكمۇ، بۇ قۇربانگاھلار ۋە تۈۋرۈكلەر بۇتلارغا ئاتالغانىدى. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ (خۇدا) ئىسرائىلنىڭ مېۋىسىنى كۆپەيتىشى بىلەن، ئىسرائىل قۇربانگاھلىرىدىكى بۇت تۈۋرۈكلەر كۆپەيدى؛ ئۇ (خۇدا) ئۆز زېمىنىغا ياخشىلىقنى كۆپەيتىشى بىلەن، ئۇ (ئىسرائىل) بۇتلارغا ئاتالغان تۈۋرۈكلەرنى تېخىمۇ ياخشى قىلدى».
**1:10** ھوش. 11:8
**2:10** «ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئالا» ــ ياكى «ئۇلارنىڭ كۆڭلى كۆۋ». ئەب. 21:55نى كۆرۈڭ.
**2:10** ئەب. 21:55
3:10 **«... ئۇلار پات ئارىدا: «بىزدە پادىشاھ يوق، چۈنكى پەرۋەردىگاردىن قورقمىدۇق؛ پادىشاھىمىز بار بولسىمۇ، ئۇ بىزگە نېمە قىلىپ بېرىدۇ؟» ــ دەيدىغان بولىدۇ»** ــ بۇ بېشارەت ئىسرائىلنىڭ سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن نېمە دەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
**3:10** ھوش. 4:3
4:10 **«شۇڭا ئۇلار ئارىسىدىكى دەۋالىششلار ئېتىزدىكى چۆنەكلەرگە شۈمبۈيا ئۈنۈپ كەتكەندەك بولىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇڭا ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن جازالار ئېتىزدىكى چۆنەكلەرگە شۈمبۈيا ئۈنۈپ كەتكەندەك بولىدۇ».

ئەندىشىگە چۈشىدۇ؛
«بەيت-ئاۋەن»دىكىلەر دەرۋەقە ئۇنىڭ ئۈستىگە ماتەم تۇتىدۇ،
ئۇنىڭ «بۇتپەرەس كاھىن»لىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؛
ئۇلار «بەيت-ئاۋەن»نىڭ «شان-شەرىپى» ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ،
چۈنكى ئۇ سۈرگۈن قىلىندى!
[6] بەرھەق، شۇ نەرسە «جېدەلخور پادىشاھ» ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنىپ،
ئاسۇرىيەگە كۆتۈرۈلۈپ كېتىلىدۇ؛ ئەفرائىم ئىزا-ئاھانەتكە قالىدۇ،
ئىسرائىل ئۆز «ئەقلى»دىن خىجىل بولىدۇ.
[7] سامارىيەنىڭ بولسا، پادىشاھى دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىدىكى
خەشەكتەك يوقىلىپ كەتتى؛
[8] «ئاۋەن»دىكى «يۇقىرى جايلار»، يەنى «ئىسرائىلنىڭ گۇناھى»
بىتچىت قىلىنىدۇ؛
قۇربانگاھلىرىنى تىكەن-جىغانلار باسىدۇ؛
ئۇلار تاغلارغا: «ئۈستىمىزنى يېپىڭلار!»، دۆڭلۈكلەرگە: «ئۈستىمىزگە
ئۆرۈلۈپ چۈشۈڭلار!» ـ دەيدۇ.

---

5:10 **«سامارىيەدە تۇرۇۋاتقانلار «بەيت-ئاۋەن»نىڭ موزىيى ئۈچۈن غەم-ئەندىشىگە چۈشىدۇ،... ئۇلار «بەيت-ئاۋەن»نىڭ «شان-شەرىپى» ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ»** ــ «بەيت-ئاۋەن»نىڭ «شان-شەرەپ»ى، يەنى موزاي شەكلىدىكى بۇت بولسا، كىنايىلىك گەپ، ئەلۋەتتە. ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولىدۇكى، «بەيت-ئاۋەن» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى كىنايىلىك گەپتۇر (مەنىسى: «يوق بىرنەرسە»نىڭ ئۆيى).

—**«سامارىيەدە تۇرۇۋاتقانلار «بەيت-ئاۋەن»نىڭ موزىيى ئۈچۈن غەم-ئەندىشىگە چۈشىدۇ،... »** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: « ئۇلار «سامارىيەدە تۇرغۇچى» ۋە «بەيت-ئاۋەن»نىڭ موزىيى ئۈچۈن غەم-ئەندىشىگە چۈشىدۇ،...». مۇشۇ تەرجىمىسى توغرا بولسا «سامارىيەدە تۇرغۇچى» كىنايىلىك گەپ بولۇپ، سامارىيەدىكىلەر چوقۇنغان بۇتنى كۆرسىتىدۇ.

6:10 **«شۇ نەرسە «جېدەلخور پادىشاھ» ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنىپ»** ــ «جېدەلخور پادىشاھ» ئاسۇرىيە پادىشاھىنى دېمەكچى. يۇقىرىقى 13:5-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

8:10 **««ئاۋەن»دىكى «يۇقىرى جايلار»، يەنى «ئىسرائىلنىڭ گۇناھى» بىتچىت قىلىنىدۇ»** ــ «ئاۋەن» («يوق نەرسە») يەنى «بەيت-ئاۋەن». «يۇقىرى جايلار» ــ بۇتپەرەسلىك قىلىدىغان مەخسۇس جايلار. «ئىسرائىلنىڭ گۇناھى» ــ ئۇلار چوقۇنغان بۇتنى كۆرسەتسە كېرەك

**8:10** يەش. 2:19؛ لۇقا 23:30؛ ۋەھ. 6:16؛ 9:6

9 — ئى ئىسرائىل، گىبېئاھنىڭ كۈنلىرىدىن باشلاپ سەن گۇناھ قىلىپ كەلدىڭ؛
ئىشلار شۇ پېتى تۇرىۋەردى؛
رەزىللىكنىڭ بالىلىرى ئۈستىگە قىلىنغان جەڭ ئۇلارنى گىبېئاھتا بېسىۋەتمىدىمۇ؟
10 مەن خالىغىنىمدا ئۇلارنى جازالايمەن؛
ئۇلار ئىككى گۇناھى تۈپەيلىدىن ئەسىرگە چۈشۈشكە تۇغرا كەلگەندە،
يات قوۋملار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا يىغىلىدۇ.
11 ئەفرائىم بولسا كۆندۈرۈلگەن بىر ئىنەكتۇر،
ئۇ خامان تېپىشكە ئامراق؛
مەن ئۇنىڭ چىرايلىق گەدىنىنى ئۇپراشتىن ئاياپ كەلدىم؛
بىراق ھازىر ئۇنىڭغا بويۇنتۇرۇق سېلىپ ھەيدەيمەن؛
يەھۇدا يەر ھەيدىسۇن!
ياقۇپ ئۆزى ئۈچۈن يەرنى تىرنىلىشى كېرەك.

---

**9:10 «— ئى ئىسرائىل، گىبېئاھنىڭ كۈنلىرىدىن باشلاپ سەن گۇناھ قىلىپ كەلدىڭ؛ ... رەزىللىكنىڭ بالىلىرى ئۈستىگە قىلىنغان جەڭ ئۇلارنى گىبېئاھتا بېسىۋەتمىدىمۇ؟»** — گىبېئاھ شەھىرىدا بولغان رەزىل ۋەقە (بەچچىۋازلىق ھەم قاتىللىق) «ھاك.» 17-19-بابلاردا خاتىرىلەنگەن. بۇ ئايەتكە قارىغاندا بۇ گۇناھ شۇ كۈنلەردىن تارتىپ ئىسرائىلدىن ئايرىلمىغان. شۇ ۋەقە بولغاندىن كېيىن، گىبېئاھدىكىلەر توۋا قىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ باشقا قەبىلىلىرى ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىپ ئۇلارنى بىتچىت قىلغان. بېشارەتكە قارىغاندا، بۇنداق بىر جەڭ يەنە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك؛ لېكىن بۇ قېتىم پۈتكۈل ئىسرائىلغا قارشى شۇنداق بىر جەڭ بولىدۇ.
**9:10** ھوش. 9:9

**10:10 «ئۇلار ئىككى گۇناھى تۈپەيلىدىن ئەسىرگە چۈشۈشكە تۇغرا كەلگەندە»** — «ئىككى گۇناھى» نېمە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئالىملارنىڭ ھەرخىل پەرەزلىرى بار. ئىسرائىلنىڭ ئىككى جاي (بەيت-ئەل ۋە دان)دا چوڭ بۇتنى ياسىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («1پاد.» 12-باب). بۇ ئايەتنىڭ باشقا خىل تەرجىمىلىرى بار.

**11:10 «ئەفرائىم بولسا كۆندۈرۈلگەن بىر ئىنەكتۇر، ئۇ خامان تېپىشكە ئامراق؛ مەن ئۇنىڭ چىرايلىق گەدىنىنى ئۇپراشتىن ئاياپ كەلدىم؛ بىراق ھازىر ئۇنىڭغا بويۇنتۇرۇق سېلىپ ھەيدەيمەن؛ يەھۇدا يەر ھەيدىسۇن! ياقۇپ ئۆزى ئۈچۈن يەرنى تىرنىلىشى كېرەك»** — دېھقان ئۆزىنىڭ ئامراق ئىنىكىنى (خۇدا دېھقان، ئىسرائىل ئىنەك) تېخى ئېغىر ئەمگەككە سالمىغان، پەقەت خامان تېپىشكە سالغان (خامان تېپىش يېنىك ئىش ھەم تېپىلگەن دانلاردىن

12 ئۆزۈڭلارغا ھەققانىيلىق بىلەن تېرىڭلار،
مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە ھوسۇل ئالىسىلەر؛
بوز يېرىڭلارنى چاناپ ئېچىڭلار؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنى ئىزدەش ۋاقتى كەلدى،
ــ تا ئۇ ئۇستۇڭلارغا ھەققانىيلىقنى ياغدۇرغۇچە!
13 بىراق سىلەر رەزىللىكنى ئاغدۇردۇڭلار،
قەبىھلىك ھوسۇلىنى ئوردۇڭلار،
يالغانچىلىقنىڭ مېۋىسىنى يېدىڭلار؛
چۈنكى سەن ئۆز يولۇڭغا، يەنى باتۇرلىرىڭنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ تاياندىڭ؛
14 قوۋملىرىڭ ئارىسىدا چۇقان-سۈرەن كۆتۈرۈلىدۇ؛
شالمان جەڭ كۈنىدە بەيت-ئاربەلنى بەربات قىلغاندەك،
بارلىق قورغانلىرىڭ بەربات قىلىنىدۇ؛
(شۇ كۈنى بەيت-ئاربەلدىكى ئانا-بالىلار تەڭلا پارە-پارە قىلىۋېتىلمىگەنمۇ؟) ــ
15 ئەمدى ئۇچىغا چىققان رەزىللىكىڭ تۈپەيلىدىن،
ئوخشاش بىر كۈن سىنىڭ بېشىڭغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئى بەيت-ئەل!
تاڭ سەھەردىلا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.

---

يېيەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنەك ئۇنىڭغا ئامراق، ئەلۋەتتە). بىراق ئىنەك جايىل بولۇپ كەتكەچكە (16:4نى كۆرۈڭ) ھازىر قاتتىق ئەمگەك كۈنلىرى كەلدى: 12-ئايەت بويىچە، يەھۇدا ۋە ئىسرائىل خۇدا ئۈچۈن «يەر ھەيدىمىسە» (توۋا قىلىش جەريانىدىكى جاپالىق يولغا كىرمىسە)، ئۇلار بەلكى ئاسۇرىيە ياكى بابىل ئۈچۈن قاتتىق ئەمگەك قىلىدىغان بولىدۇ.

**12:10** يەر. 3:4

**14:10 «شالمان جەڭ كۈنىدە بەيت-ئاربەلنى بەربات قىلغاندەك،...»** ــ «شالمان» بەلكىم ئاسۇرىيە پادىشاھى «شالمانئېزەر III» ياكى «شالمانئېزەر V»نى، «بەيت-ئاربەل» بەلكىم گالىلىيەدىكى «ئاربېلا»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن. تارىخىي تەپسىلاتلار ھازىر بىزگە نامەلۇم، بىراق ئىسرائىلغا بولغان ئاگاھ ناھايىتى ئېنىقتۇر.

**15:10 «ئوخشاش بىر كۈن سىنىڭ بېشىڭغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئى بەيت-ئەل!»** ــ دېمەك، ئۇلارنىڭ «بەيت-ئەل»دە قىلغان رەزىللىكلىرى ئۆز بېشىغا «بەيت-ئاربەل»دىكىدەك بىر كۈننى چۈشۈرىدۇ. **«تاڭ سەھەردىلا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** ــ

## ئىسرائىل، سۆيۈملۈك بالام! سېنى قانداقمۇ تاشلاپ قويمەن؟

11 [1] ئىسرائىل بالا چېغىدا، مەن ئۇنى سۆيدۇم،
شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇمنى مىسىردىن چىقىشقا چاقىردىم.
[2] بىراق ئۇلار خەلقىمنى چاقىرىۋىدى،
ئۇلار دەرھال ھۇزۇرۇمدىن چىقىپ كەتتى؛
ئۇلار «بائال»لارغا قۇربانلىق قىلىشقا باشلىدى،
ئويما مەبۇدلارغا ئىسرىق سالدى.
[3] ئەفرائىمغا مېڭىشنى ئۆگەتكۈچى ئۆزۈم ئىدىم،
ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ۋە يۆلەپ ـ
بىراق ئۆزىنى ساقايتقۇچىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى ئۇلار بىلمىدى.
[4] مەن ئادىمەتچىلىكنىڭ كۆيۈنۈش رىشتىلىرى بىلەن،
سۆيگۈنىڭ تارلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تارتىۋالدىم؛
مەن ئۇلارغا خۇددى ئېگىكىدىن بويۇنتۇرۇقنى ئېلىۋەتكۈچى
بىرسىدەك بولغانمەن، ئېگىلىپ ئۆزۈم ئۇلارنى ئوزۇقلاندۇرغانمەن.
[5] ئۇلار مىسىرغا قايتىدىغان بولمامدۇ؟
ئاسۇرىيەلىك دەرۋەقە ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولىدىغان ئەمەسمۇ؟
چۈنكى ئۇلار يېنىمغا قايتىشنى رەت قىلدى!

---

«تاڭ سەھەردىلا» ــ دېمەك، «جەڭ بېشىدىلا» (جەڭ ئادەتتە سەھەردە باشلىناتتى)؛ ياكى بولمىسا «بەك تېزلا» دېگەن مەنىدە.

**1:11** چۆل.22:23؛ مات. 15:2

2:11 **«بىراق ئۇلار خەلقىمنى چاقىرىۋىدى، ئۇلار دەرھال ھۇزۇرۇمدىن چىقىپ كەتتى...»** ــ «ئۇلار» ــ بۇتپەرەسلەرنى ياكى ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندا ئۇچرىغان «موئاب»دىكىلەرنى ۋە ياكى قانائانغا كىرگەندىن كېيىن ئۇچراشقان قانائاندىكىلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

—ئايەت ئۇستىدىكى ئىككى باشقا كۆزقاراش ئىپادىلەيدىغان باشقا ئىككى تەرجىمىسى بار: (1) «ئۇلار (پەيغەمبەرلەر) ئۇلارنى چاقىرغانسېرى، ئۇلار (ئىسرائىل) ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن (پەيغەمبەرلەردىن) نېرى قىلدى»؛ (2) «مەن (خۇدا) ئۇلارنى چاقىرغانسېرى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھۇزۇرۇمدىن نېرى قىلدى». ئاخىرقى تەرجىمە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردىكى «سېپتۇئاگىنت» (LXX) گرېك تەرجىمىسىگە ئەگىشىدۇ.

5:11 **«ئۇلار مىسىرغا قايتىدىغان بولمامدۇ؟ ئاسۇرىيەلىك دەرۋەقە ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولىدىغان ئەمەسمۇ؟»** ــ ئىسرائىل مىسىر ۋە ئاسۇرىيەدىن ياردەم ئىزدەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا

6 قىلىچ ئۇنىڭ شەھەرلىرىدە ھەريان ئۆيىنىتىلىدۇ؛
دەرۋازىسىدىكى تۆمۈر بالداقلارنى ۋەيران قىلىپ يەپ كېتىدۇ؛
بۇ ئۆز ئەقىللىرىنىڭ كاساپىتىدۇر!
7 بەرھەق، مېنىڭ خەلقىم مەندىن چەتلەپ كېتىشكە مەپتۇن بولدى؛
ئۇلار ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىغا نىدا قىلىپ چاقىرسىمۇ،
لېكىن ھېچكىم ئۇلارنى كۆتۈرمەيدۇ.
8 مەن قانداقمۇ سېنى تاشلاپ قويىمەن، ئى ئەفرائىم؟
مەن قانداقمۇ سېنى دۈشمەنگە تاپشۇرىمەن، ئى ئىسرائىل؟!
قانداقمۇ سېنى ئادماھ شەھىرىدەك قىلىمەن؟!
سېنى قانداقمۇ زەبوئىم شەھىرىدەك بىر تەرەپ قىلىمەن؟!
قەلبىم ئىچ-باغرىمدا قايناپ كېتىۋاتىدۇ،
مېنىڭ بارلىق رەھىمدىللىقىم قوزغىلىۋاتىدۇ!
9 غەزىپىمنىڭ قەھرىنى يۈرگۈزمەيمەن،
ئىككىنچى يەنە ئەفرائىمنى يوقاتمايمەن؛
چۈنكى مەن ئىنسان ئەمەس، تەڭرىدۇرمەن،
— يەنى ئاراڭدا بولغان پاك-مۇقەددەس بولغۇچىدۇرمەن؛
مەن دەرغەزەپ بىلەن كەلمەيمەن.
10 ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ؛
ئۇ شىردەك ھۆركىرەيدۇ؛

«چىقتى». ئەمدى بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئۇلارنىڭ «چىقىش»ى ياكى «قايتىش»ى (1- ۋە 2-ئايەتنى كۆرۈڭ) بولسا قاچقۇن مۇساپىر سۈپىتىدە (مىسىرغا) ياكى ئەسىر سۈپىتىدە (ئاسۇرىيەگە) بولىدۇ

**7:11 «ئۇلار...»** بەلكىم پەيغەمبەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**8:11 «قانداقمۇ سېنى ئادماھ شەھىرىدەك قىلىمەن؟! سېنى قانداقمۇ زەبوئىم شەھىرىدەك بىر تەرەپ قىلىمەن؟!»** — «ئادماھ» ۋە «زەبوئىم» دېگەن شەھەرلەر ئېغىر گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن سودوم ۋە گومورا بىلەن تەڭ ئاسماندىن ياغقان ئوت-گۈنگۈرت تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ھالاك بولدى.

**8:11** يار. 24:19

**9:11 «... مەن دەرغەزەپ بىلەن كەلمەيمەن»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... مەن شەھەرگە (جازالاشقا) كىرمەيمەن».

ئۇ ھۆركىرىگەندە، ئەمدى باللىرى غەربتىن تىترىگەن ھالدا كېلىدۇ؛
[11] ئۇلار مىسىردىن قۇشتەك،
ئاسۇرىيە زېمىنىدىن پاختەكتەك تىترىگەن ھالدا چىقىپ كېلىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە ماكانلاشتۇرىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ساۋاق ئېلىڭلار!

12 [1] ئەفرائىم مېنى يالغان گەپلىرى بىلەن كومۇۋېتىدۇ؛
يەھۇدامۇ تەڭرىگە، يەنى ئىشەنچلىك، پاك-مۇقەددەس
بولغۇچىغا تۇتۇرۇقسىز بولدى.
ئەفرائىمنىڭ يېگىنى شامالدۇر، ئۇ شەرق شامىلىنى قوغلاپ يۈرىدۇ؛
ئۇ كۈنلەپ يالغانچىلىق، زۇلۇم-زورلۇقنى كۆپەيتمەكتە؛
ئۇلار ئاسۇرىيە بىلەن ئەھدە تۈزىدۇ،
شۇنىڭدەك مىسىرغا ماي «سوغىلىرى» كۆتۈرۈپ ئاپىرىلىدۇ.
[2] پەرۋەردىگارنىڭ يەھۇدا بىلەنمۇ بىر دەۋاسى بار؛
ئۇ ياقۇپنى يوللىرى بويىچە جازالايدۇ؛
ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە قايتۇرىدۇ.
[3] ئۇ بالىياتقۇدا تۇرۇپ ئاكىسىنى تاپىنىدىن تۇتۇۋالغان،

---

11:11 **«ئۇلار مىسىردىن قۇشتەك، ئاسۇرىيە زېمىنىدىن پاختەكتەك تىترىگەن ھالدا چىقىپ كېلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە ماكانلاشتۇرىمەن»** ــ ئىسرائىل (ئەفرائىم)دىكىلەردىن بەزىلەر ئاۋۋال يەھۇدادىن پاناھ تاپقان، ئاندىن كېيىن يەھۇدا بىلەن تەڭ بابىل ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن بولغان. ئاندىن يەھۇدانىڭ «قالدى»سى بىلەن تەڭ قانائانغا (پەلەستىنگە) قايتىپ كەلگەن ــ ئاجىزلىقتا، «تىترىگەن ھالدا» قايتىپ كەلگەن («2تار.» 9:1-3، «ئەزرا» 1-2-باب).

1:12 **«يەھۇدامۇ تەڭرىگە، يەنى ئىشەنچلىك، پاك-مۇقەددەس بولغۇچىغا تۇتۇرۇقسىز بولدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «يەھۇدا يەنىلا خۇدا بىلەن بىللە ھۆكۈمدارلىق قىلىدۇ، ئۇ پاك-مۇقەددەس بولغۇچىغا سادىقتۇر». بىزنىڭچە 12-باب، 2-ئايەتكە قارىغاندا بۇ خىل تەرجىمىسى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. **«ئەفرائىمنىڭ يېگىنى شامالدۇر، ئۇ شەرق شامىلىنى قوغلاپ يۈرىدۇ»** ــ دېمەك، ئەفرائىم گېپى تۇتۇرۇقسىز، «شامالغا باققۇچى» ئەل ئىدى. **«شۇنىڭدەك مىسىرغا ماي «سوغىلىرى» كۆتۈرۈپ ئاپىرىلىدۇ»** ــ بۇ «ماي» شۈبھىسىزكى، مىسىرنىڭ ياردىمىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن.

ئۆز كۈچى بىلەن خۇدا بىلەن ئېلىشقان؛
4 ئۇ بەرھەق پەرىشتە بىلەن ئېلىشىپ، غەلىبە قىلدى؛
ئۇ يىغلىدى، ئۇنىڭغا دۇئا-تىلاۋەت قىلدى؛
خۇدا ئۇنى بەيت-ئەلدە تېپىۋالدى، ۋە شۇ يەردە بىزگە سۆز قىلدى؛
5 ــ يەنى پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا،
«پەرۋەردىگار» بولسا ئۇنىڭ خاتىرە نامىدۇر!

---

3:12 **«ئۇ بالىياتقۇدا تۇرۇپ ئاكىسىنى تاپىنىدىن تۇتۇۋالغان،...»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «ياقۇپ» دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسى ئەسلىدە: «ئۇ (خۇدا) تاپىنىڭدا بولسۇن» (دېمەك، ئۇ سەن (خۇدا) بىلەن بىللە بولسۇن)؛ بىراق ياقۇپ پەيغەمبەرگە شۇ ئىسىمنىڭ قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى: ــ (1) ئۇ ئاكىسىنىڭ تاپىنىنى تۇتقان (تۇغۇلغاندا)؛ (2) بۇ ئىسىمنىڭ «ئالدامچى» دېگەن كۆچمە مەنىسى بار؛ ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئاكىسىنى ئىككى قېتىم «روھىي مىراس»تىن ئالداپ قويغان («يار.» 25-باب). —(ئاخىردا ئۇ بۇ ئالدامچىلىقتىن توۋا قىلىپ، ئاكىسىدىن ئەپۇ سورىغان «يار.» 33-بابنىمۇ كۆرۈڭ).

**3:12** يار. 26:25؛ 9،10:35

4:12 **«خۇدا ئۇنى بەيت-ئەلدە تېپىۋالدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ ئۇنى بەيت-ئەلدە تېپىۋالدى». شۇڭا باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «ئۇ (ياقۇپ) ئۇنى (خۇدانى) تېپىۋالدى». **«ئۇ بەرھەق پەرىشتە بىلەن ئېلىشىپ، غەلىبە قىلدى؛ ئۇ يىغلىدى، ئۇنىڭغا دۇئا-تىلاۋەت قىلدى؛ خۇدا ئۇنى بەيت-ئەلدە تېپىۋالدى، *ۋە شۇ يەردە بىزگە سۆز قىلدى»** ــ بۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئەھمىيىتى بەلكىم: (1) ياقۇپ ئەسلى بىر ئالدامچى؛ (2) بىراق ئۇ ئېتىقاد ئارقىلىق خۇدانىڭ پەرىشتىسىدىن بەخت-بەرىكەتكە ۋە خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن؛ (3) كېيىن ئۇ باشقىچە بىر ئادەم، ئېتىقادلىق، شەپقەتلىك بولۇپ چىقتى (ئىسرائىل دەپ ئاتالدى). (4) خۇدا ئەسلى بۇ ئىشلارنى «بەيت-ئەل»دە (ياقۇپنى چارقىرغان ۋاقىتدا) باشلىغان، ياقۇپقا، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىغا بەخت ئاتا قىلىدىغان ۋەدىلەرنى قىلغان؛ (5) شۇڭا ئىسرائىل «بەيت-ئەل»نىڭ **ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى** ئەسلىشى كېرەك؛ (6) ئۇلار بۇ ئىشلاردىن ساۋاق ئالسۇنكى، «خۇدا مېنىمۇ (ياقۇپقا ئوخشاش) يامان ئالدامچىلىقتىن دۇرۇس، ئېتىقادلىق ئادەمگە ئۆزگەرتەلەيدۇ»؛ (7) «شۇڭا خۇدانىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۇنىڭغا قايتىشىم كېرەك». —ۋەقەلەر «يار.» 25-32-بابلاردا خاتىرىلەنگەن. باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىملەر ئۇچرىشى مۇمكىن

**4:12** يار. 12:28، 19؛ 7:35، 14، 15

5:12 **«ــ يەنى پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا، ــ «پەرۋەردىگار» بولسا ئۇنىڭ خاتىرە نامىدۇر!»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ياقۇپ ئۆزى بىلەن ئېلىشقان پەرىشتىنىڭ نامىنى سورىغان. شۇ چاغدا ئۇ نامىنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغان. كېيىن خۇدا بۇ نامىنىڭ «ياھۋەھ» (تەرجىمىمىزدە، «پەرۋەردىگار» دېيىلىدۇ) ئىكەنلىكىنى مۇسا پەيغەمبەرگە ئايان قىلىپ چۈشەندۈرگەن (ياھۋەھ ــ «ئۆزگەرمەس»، «ئەزەلدىن بار بولغۇچى»، «ئەھدىسىگە ھەردائىم سادىق بولغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). شۇڭا بۇ نام ئىسرائىلغا ئۈمىد بېرىشى كېرەك ئىدى.

6 شۇڭا سەن، خۇدايىڭ ئارقىلىق، ئۇنىڭ يېنىغا قايت؛
مېھرىبانلىق ۋە ئادالەتنى قولۇڭدىن بەرمە،
خۇدايىڭغا ئۈمىد باغلاپ، ئۇنى ئىزچىل كۈتكىن.

## ئالدامچى سودىگەر

7 مانا بۇ سودىگەر! ئۇنىڭ قولىدا ئالدامچىلىق تارازىسى بار؛
ئۇ بوزەك قىلىشقا ئامراقتۇر.
8 ئەفرائىم: «مەن دەرۋەقە بېيىدىم،
ئۆزۈمگە كۆپ بايلىقلارنى توپلىدىم؛
بىراق ئۇلار بارلىق ئەجىرلىرىمدە مەندىن ھېچ گۇناھىي قەبىھلىكنى
تاپالمايدۇ!» ــ دەيدۇ.
9 بىراق مىسىر زېمىنىدىن تارتىپ مەن پەرۋەردىگار سېنىڭ خۇدايىڭ
بولغانمەن،
مەن سېنى يەنە «كەپىلەر ھېيتى»دىكىدەك چېدىرلاردا تۇرغۇزىمەن!

---

7:12 **«مانا بۇ سودىگەر!»** ــ «سودىگەر» ئىبرانىي تىلىدا «قانائان» ياكى «قانائانلىق» دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، ئەفرائىم بىر تەرەپتىن ئەسلى ئۆزى ئالدىدىن ھەيدىۋەتكەن بۇتپەرەس قانائانلىقلارغا ئوخشاپ قالغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ «ياقۇپ»نىڭ ئەسلىدىكى «ئالدامچى» خاراكتېرىدا بولۇپ، ھېچ ئۆزگەرتىلمىگەندۇر.
8:12 **«ئۇلار... مەندىن گۇناھىي قەبىھلىكنى تاپالمايدۇ»** ــ «گۇناھىي قەبىھلىك» ــ دېمەك، مەندە «قەبىھلىكلەر بار، بىراق ئېغىر ئەمەس، «گۇناھ ئەمەس»» دېگەن كۆلكىلىك گەپ. «مەن ئانچە يامان ئادەم ئەمەسمەن» دەيدىغان پوزىتسىيىلەر بۈگۈنگە قەدەر ھەممىمىزگە تونۇشتۇر.
9:12 **«بىراق مىسىر زېمىنىدىن تارتىپ مەن پەرۋەردىگار سېنىڭ خۇدايىڭ بولغانمەن، مەن سېنى يەنە «كەپىلەر ھېيتى»دىكىدەك چېدىرلاردا تۇرغۇزىمەن!»** ــ ««كەپىلەر ھېيتى»دىكىدەك» ئىبرانىي تىلىدا «ھېيتتىكى كۈنلەردىكىدەك».
—«چېدىرلاردا تۇرۇش» تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن شۈبھىسىزكى، «كەپىلەر ھېيتى»نى كۆرسەتسە كېرەك.
—ئىسرائىل «مىسىردىن چىقىش»تىكى مۇھىم ساۋاقلارنى ئۇنتۇغان. «كەپىلەر ھېيتى» («كەپە تىكىش ھېيتى»)دا ئىسرائىل يەتتە كۈن ئۆيدە ئەمەس، بەلكى چېدىرلاردا تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ھېيتتىكى بۇ ئىش ئۇلارغا ئەسلىدىكى ئاجىز، كەمبەغەل باشلىنىشىنى ۋە «ئىنسان پەقەت نان بىلەنلا ياشىمايدۇ، بەلكى خۇدانىڭ ھەربىر سۆزىگە تايىنىپ ياشىشى كېرەك» دېگەن مۇھىم ساۋاق توغرۇلۇق ئەسلىتىشى كېرەك ئىدى.
**9:12** يەش. 11:43

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھمىيىتى

10 «مەن پەيغەمبەرلەرگە سۆز قىلغانمەن،
ئالامەت كۆرۈنۈشلەرنى كۆپەيتكەنمەن،
شۇنداقلا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق تەمسىللەرنى كۆرسەتكەنمەن.
11 گىلېئاد قەبىھمۇ؟ ئۇلار بەرھەق پەقەت يارىماسلاردۇر!
ئۇلار گىلگالدا تورپاقلارنى قۇربانلىق قىلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرى دەرۋەقە ئېتىز قىرلىرىدىكى تاش
دۆۋىلىرىدەك كۆپتۇر!
12 (ياقۇپ سۇرىيەگە قېچىپ كەتتى،
شۇ يەردە ئىسرائىل خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىگەن؛
بەرھەق، خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ئۇ قويلارنى باققانىدى).
13 پەرۋەردىگار يەنە پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىلنى مىسىردىن
چىقىرىپ قۇتقۇزغان،
پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇنىڭدىن خەۋەرمۇ ئالغان.

---

11:12 «**گىلېئاد قەبىھمۇ؟ ئۇلار بەرھەق پەقەت يارىماسلاردۇر!**» ــ مۇشۇ ئايەتتە «قەبىھ» ۋە «يارىماس» دېگەن سۆزلەر بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان سۆزلەردۇر. «**ئۇلار گىلگالدا تورپاقلارنى قۇربانلىق قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرى دەرۋەقە ئېتىز قىرلىرىدىكى تاش دۆۋىلىرىدەك كۆپتۇر!**» ــ هوشىيا «گىلگال» («دۆۋە»، «دەستە»، دېگەن مەنىدە) دېگەن يەر نامى بىلەن سۆز ئويۇنى قىلىدۇ ــ ئۇلار ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىقتۇر. ھەممە يېرىدە كۆپلىگەن قۇربانگاھلىرىنىڭ بولۇشى بىلەن، گىلگال دەرۋەقە «ئېتىزدىكى تاش دۆۋىلەر»دەك بىر جاي، خالاس.

——ئايەتنىڭ باشقا خىل تەرجىلىرىمۇ بار.

**11:12** هوش. 4:15؛ 6:8؛ 9:15

**12:12** يار. 28:5؛ 29:20، 28

13:12 «**پەرۋەردىگار يەنە پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقىرىپ قۇتقۇزغان، پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇنىڭدىن خەۋەرمۇ ئالغان**» ــ مۇشۇ ئىشلار (12-14-ئايەت) ئىسپاتلايدۇكى، ئەفرائىم ئەجدادى بولغان ياقۇپنى ھەددىدىن زىيادە ئىززەتلىگەن. ئۇلارنىڭ تەمەننا قويغان «بۈيۈك ئەجداد»ى ياقۇپنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى (ئىسرائىل) پەيغەمبەرسىز قالغان بولسا (دېمەك، ئۇلاردا خۇدانىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان بولسا) ئۇ چۆل-باياۋاندا يۇرۇۋاتقان ناھايىتى بىر «قاچقۇن» ياكى ھەتتا مىسىردىن چىقمىغان بىر «ئىشلەمچى» بولاتتى، خالاس. ئۇ ھەرگىز ئۇلۇغ بىر ئەل بولۇپ چىقمايتتى. بىراق ھازىرقى ئىسرائىل (بولۇپمۇ ئەفرائىم قەبىلىسى)

[14] ئەفرائىم خۇدانىڭ قەھرىنى ئىنتايىن قاتتىق قوزغىغان؛
ئۇنىڭ رەببى ئۇ تۆككەن قان قەرزىنى ئۇنىڭ گەدىنىگە ئارتىدۇ،
شەرمەندىلىك-ئاھانەتنى ئۆز بېشىغا قايتۇرىدۇ.

## «مەن سىنى ھالاك قىلىمەن، ئى ئىسرائىل!» ــ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش

13 [1] بۇرۇن ئەفرائىم سۆز قىلغاندا، كىشىلەر ھۆرمەتلەپ تىترەپ كېتەتتى؛
ئۇ ئىسرائىل قەبىلىلىرى ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن؛
بىراق ئۇ بائال ئارقىلىق گۇناھ قىلىپ ئۆلدى.
[2] ئۇلار ھازىر گۇناھىنىڭ ئۈستىگە گۇناھ سادىر قىلماقتا!
ئۆزلىرىگە كۈمۈشلىرىدىن قۇيما مەبۇدلارنى،
ئۆز ئەقلى ئويلاپ چىققان بۇتلارنى ياسىدى؛
بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۈنەرۋەننىڭ ئەجرى، خالاس؛
بۇ كىشىلەر توغرۇلۇق: «ھەي، ئىنسان قۇربانلىقىنى قىلغۇچىلار،

---

خۇدا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر (ئاموس، ھوشىيا, يەشايا، مىكاھ)نى رەت قىلىپ، خۇدانى ئىنتايىن غەزەپلەندۈردۇ. ئىسرائىلنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ھاياتىنىڭ ھەر جەھەتلىرى ئۇلارنىڭ خۇدا بىلەن بولغان روھىي مۇناسىۋىتىگە باغلىق ئىدى. ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبەرلىرى بۇ ئىشنى خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرسىتىدۇ؛ پەيغەمبەرلەرنى سەل چاغلاش خۇدانىڭ ئۆزىنى سەل چاغلىغان بىلەن باراۋەردۇر.
—ياقۇپ ئۆزى ئاخىرىدا پەيغەمبەر بولغان، ئەلۋەتتە («يار.» 48-49-بابلارنى كۆرۈڭ).

**1:13 «بۇرۇن ئەفرائىم سۆز قىلغاندا...»** ــ «ئەفرائىم» قەبىلىسىنىڭ ئەجدادى بولغان ئەفرائىمنى ئەمەس، بەلكى قەبىلىنىڭ ئاۋۋالقى تارىخىنى كۆرسىتىدۇ. مۇسا پەيغەمبەردىن كېيىن، ئىسرائىلغا يېتەكلىگۈچى بولغان يەشۇئا پەيغەمبەر ئەفرائىملىق ئىدى.

**موزايلارنى سۆيۈپ قويۇڭلار!» دېيىلىدۇ.**

**[3] شۇڭا ئۇلار سەھەردىكى بىر پارچە بۇلۇتتەك،**
**تېزدىن غايىپ بولىدىغان تاڭ سەھەردىكى شەبنەمدەك،**
**خاماندىن قارا قۇيۇندا ئۇچقان پاخالدەك،**
**تۈڭلۈكتىن چىققان ئىس-تۈتەكتەك تېزدىن يوقاپ كېتىدۇ.**
**[4] بىراق مىسىر زېمىنىدىن تارتىپ مەن پەرۋەردىگار سېنىڭ خۇدايىڭ بولغانمەن؛**
**سەن مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھنى بىلمەيدىغان بولىسەن؛**
**مەندىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوقتۇر.**
**[5] مەن چۆل-باياۋاندا، قۇرغاقچىلىقنىڭ زېمىنىدا سەن بىلەن تونۇشتۇم؛**
**[6] ئۇلار ئوزۇقلاندۇرۇلۇپ، تويۇنغان،**
**تويۇنغاندىن كېيىن كۆڭلىدە تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن؛**
**شۇڭا ئۇلار مېنى ئۇنتۇغان.**
**[7] ئەمدى مەن ئۇلارغا شىردەك بولىمەن؛**
**يىلپىزدەك ئۇلارنى يول بويىدا پايلاپ كۈتىمەن؛**
**[8] كۈچۈكلىرىدىن مەھرۇم بولغان ئېيىقتەك مەن ئۇلارغا ئۇچراپ،**
**يۈرەك چاۋىسىنى تىتىۋېتىمەن؛**
**ئۇلارنى چىشى شىردەك نەق مەيداندا يەۋېتىمەن؛**
**دالادىكى ھايۋانلار ئۇلارنى يىرتىۋېتىدۇ.**
**[9] سېنىڭ ھالاكىتىڭ، ئى ئىسرائىل، دەل ماڭا قارشى چىققانلىقىڭ،**
**يەنى ياردەمچىڭگە قارشى چىققانلىقىڭدىن ئىبارەتتۇر.**

---

2:13 **«بۇ كىشىلەر توغرۇلۇق: «ھەي، ئىنسان قۇربانلىقنى قىلغۇچىلار، موزايلارنى سۆيۈپ قويۇڭلار!» دېيىلىدۇ»** ــ باشقا بىر تەرجىمىسى: «ئۇ كىشىلەر توغرۇلۇق: «مانا، قۇربانلىق قىلغۇچى ئادەملەر موزايلارنى سۆيۈپ قويۇۋاتىدۇ!» ــ دېيىلىدۇ» ــ ياكى باشقىلار. بىراق ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش تەس بولغىنى بىلەن، تىلشۇناسلارنىڭ يېقىنقى تەتقىقاتلىرى بويىچە، بۇ ئايەت دەرۋەقە «ئىنسان قۇربانلىقى»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**2:13** ھوش. 6:8

**4:13** 2سام. 32:22؛ زەب. 31:18؛ يەش. 11:43؛ ھوش. 10:12

**6:13** قان. 15:32؛ ھوش. 14:8

10 ئەمدى بارلىق شەھەرلىرىڭدە ساڭا قۇتقۇزغۇچى بولىدىغان پادىشاھىڭ قېنى؟
سېنىڭ سوراقچى-ھاكىملىرىڭ قېنى؟
سەن بۇلار توغرۇلۇق: «ماڭا پادىشاھ ۋە شاھزادىلارنى تەقدىم قىلغايسەن!» دەپ تىلىگەن ئەمەسمۇ؟ ــ
11 مەن غەزىپىم بىلەن ساڭا پادىشاھنى تەقدىم قىلغانمەن،
ئەمدى ئۇنى غەزىپىم بىلەن ئېلىپ تاشلىدىم.

12 ئەفرائىمنىڭ قەبىھلىكى چىڭ ئوراپ-قاچىلانغان؛
ئۇنىڭ گۇناھى جۇغلىنىپ ساقلانغان؛
13 تولغاق باسقان ئايالنىڭ ئازابلىرى ئۇنىڭغا چۈشىدۇ؛
ئۇ ئەقىلسىز بىر ئوغۇلدۇر؛
چۈنكى بالىياتقۇنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندا، ئۇ ھازىر بولمىغان!
14 مەن بەدەل تۆلەپ ئۇلارنى تەھتىسارانىڭ كۈچىدىن قۇتۇلدۇرىمەن؛
ئۇلارغا ھەمجەمەت بولۇپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىمەن؛
ئەي، ئۆلۈم، سېنىڭ ۋابالىرىڭ قېنى؟!

---

11:13 **«مەن غەزىپىم بىلەن ساڭا پادىشاھنى تەقدىم قىلغانمەن، ئەمدى ئۇنى غەزىپىم بىلەن ئېلىپ تاشلىدىم»** ــ ئىسرائىل قانائان زېمىنىنى ئىگىلىۋالغاندىن تارتىپ، خۇدا ئۇلارغا يېتەكچىلىك ۋە سوتچىلىق قىلىدىغان «باتۇر ھاكىملار» ياكى «سوتچى-قۇتقۇزغۇچى» دېگەن ئىخلاسمەن باتۇرلارنى ئايرىم-ئايرىم تەمىنلەپ بەرگەنىدى. ئىسرائىل خۇدانىڭ بۇ «ئايرىم-ئايرىم تەقسىماتى»دىن نارازى بولۇپ، سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە خۇدادىن پادىشاھ («مۇقىم سۇلالە تۈزۈمى») تىكلەشنى تىلىگەن. خۇدا سامۇئىل پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەلىپىنى: «ماڭا ئىشەنمەسلىككە باراۋەر» دەپ نارازىلىقنى كۆرسىتىپ، ئاندىن ئاخىرىدا ئىسرائىلنىڭ بىرىنچى پادىشاھى سائۇلنى تىكلىگەن («1سام.» 8-12-بابلار)

**11:13** 1سام. 5:8؛ 23:15؛ 1:16

12:13 **«ئەفرائىمنىڭ قەبىھلىكى چىڭ ئوراپ-قاچىلانغان؛ ئۇنىڭ گۇناھى جۇغلىنىپ ساقلانغان؛»** ــ دېمەك، ئۇنىڭ بارلىق قەبىھلىك-گۇناھلىرى خۇدانىڭ جازالىشى ئۈچۈن ئوبدان ساقلانماقتا.

13:13 **«بالىياتقۇنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندا، ئۇ ھازىر بولمىغان!»** ــ ياكى «بالىياتقۇنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندا، ئۇ چىقمايدۇ!».

**ئەي، تەھتىسارا، سېنىڭ ھالاكەتلىرىڭ قېنى؟!**
**مەن بۇنىڭدىن پۇشايمان قىلمايمەن!**

**[15] ئەفرائىم قېرىنداشلىرى ئارىسىدا «مېۋىلىك» بولسىمۇ،**
**شەرقتىن بىر شامال چىقىدۇ،**
**يەنى پەرۋەردىگارنىڭ چۆل-باياۋاندىن چىققان بىر شامىلى كېلىدۇ؛**
**ئەفرائىمنىڭ بۇلىقى قۇرۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ سۇ بېشى قاغجىراپ كېتىدۇ؛**
**ئۇ شامال خەزىنىسىدىكى بارلىق نەپىس قاچا-قۇچىلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ.**

---

14:13 **«تەھتىسارا»** ــ ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى باردىغان جاي. **«... ئەي، ئۆلۈم، سېنىڭ ۋابالىرىڭ قېنى؟! ئەي، تەھتىسارا، سېنىڭ ھالاكەتلىرىڭ قېنى؟! مەن بۇنىڭدىن پۇشايمان قىلمايمەن!»** ــ ئالىملار بۇ ئايەت ئۈستىدە ئىككى خىل پىكىردە. بەزىلەر مۇنداق تەرجىمە قىلىدۇ: ــ «مەن ئۇلارنى تەھتىسارانىڭ كۈچىدىن قۇتۇلدۇرامدىمەن؟ مەن ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزامدىمەن؟ ئەي، ئۆلۈم، ۋابالىرىڭنى چىقار! ئەي، تەھتىسارا، ھالاكەتلىرىڭنى چىقار! مەن ئۇلارغا (ئىسرائىلغا) ھېچ رەھىم قىلمايمەن». بۇ تەرجىمە ئالدى-كەينىدىكى ئايەتلەرگە ماسلاشقان بولسىمۇ، بىز يۇقىرىقى تەرجىمىگە قايىلمىز. چۈنكى: (1) ئىبرانىي تىلىدا ئايەتنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە سوئال يۈكلىمىسى يوق، ئۇ ئاددىي بىر «بايان جۈملە». (2) خۇدا ھوشىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق بەرگەن بىرنەچچە بېشارەتلەردە، ئىسرائىلغا بولغان قاتتىق ئەيىبنى يەتكۈزۈشى بىلەن تەڭ كۈتۈلمىگەن يەردىن ئىسرائىلغا چوڭ ئۈمىدلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ (مەسىلەن، 9:1-10، 8:11)؛ (3) ئىنجىلدا روسۇل پاۋلۇس بۇ ئايەتلەرنى شۇنداق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ («1كور.» 55:15-56، «ۋەھ.» 13:20-14نى كۆرۈڭ)؛ (4) تېكىستنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ تەرجىمىسى: «مەن (ئۆزۈم) ساڭا ھالاكەت بولىمەن، ئى تەھتىسارا!... ساڭا ۋابا بولىمەن، ئى ئۆلۈم! مەن سىلەرگە ھېچ رەھىم قىلمايمەن» بولۇش ئېھتىمالغا بەك يېقىن.
—يەنە مۇمكىنچىلىكى باركى، ئايەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمى: «مەن ئۆزۈمنى ھېچ ئايىمايمەن!» دېگەن مەنىدە بولىدۇ ــ دېمەك، خۇدا ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەيياردۇر.
**14:13** يەش. 8:25؛ 1كور. 55:15

15:13 **«ئەفرائىم قېرىنداشلىرى ئارىسىدا «مېۋىلىك» بولسىمۇ»** ــ «ئەفرائىم» دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزى «مېۋىلىك» دېگەن مەنىدە. مۇشۇ ئايەتتىكى «مېۋە» پەرزەنتلەرنى كۆرسىتىدۇ (14-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).
**«شەرقتىن بىر شامال چىقىدۇ»** ــ قانائانغا (پەلەستىنگە) نىسبەتەن ئەڭ دەھشەتلىك شامال شەرق شامىلىدۇر. ئۇلارنى نابۇت قىلىدىغان ئاسۇرىيە قوشۇنى دەرۋەقە شەرقتىن كېلىدۇ.
—**«خەزىنىدىكى نەپىس قاچا-قۇچىلار»** ــ ئەفرائىمدىكى «كېلىشكەن چوكان-قىزلار»نى

16 سامارىيەنىڭ ئۆز گۇناھى ئۆز زىممىسىگە قويۇلىدۇ؛
چۈنكى ئۇ ئۆز خۇداسىغا بويىنىنى قاتتىق قىلغان؛
ئۇلار قىلىچ بىلەن يىقىلىدۇ،
بوۋاقلىرى پارە-پارە قىلىپ چېقىۋېتىلىدۇ،
ھامىلىدار ئاياللىرى يېرىۋېتىلىدۇ.

## ئىسرائىلنىڭ كەلگۈسىدە توۋا قىلىشى، قۇتقۇزۇلۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى

14 1 ئى ئىسرائىل، پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ يېنىغا ئىككىلەنمەي قايتىپ كەل!
چۈنكى ئۆز قەبىھلىكىڭ بىلەن پۇتلىشىپ يىقىلغانسەن.
2 ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە سۆزلەرنى ئېپكېلىڭلار،
پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا قايتىڭلار؛
ئۇنىڭغا: ــ «بارلىق قەبىھلىكنى كەچۈرگەيسەن،
شاپائەت بىلەن بىزنى قوبۇل قىلغايسەن،
شۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا لەۋلىرىمىزدىكى «بۇقا قۇربانلىقلار»نى تۇتىمىز ــ دەڭلار.
3 ــ «ئاسۇرىيە بىزنى قۇتقۇزمايدۇ، ئاتلارغا مىنمەيمىز؛
بىز ھەرگىز ئۆز قولىمىز ياسىغىنىغا: ــ «خۇدايىمىز!» دېمەيمىز؛
چۈنكى سەندىنلا يېتىم-يېسىرلار رەھىم-شەپقەت تاپىدۇ».

---

كۆرستىشىمۇ مۇمكىن (16-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

**16:13** ھوش. 14:10

**1:14** ھوش. 7:12

**2:14** «...«**بۇقا قۇربانلىقلار»نى تۇتىمىز** ــ «بۇقا قۇربانلىقلار» خۇداغا ئاتاپ بېغىشلىنىدىغان «كۆيدۈرمە قۇربانلىق»لار ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك قۇربانلىق ئىدى. مۇشۇ يەردە كۆچمە مەنىدە ئىشلەتكەن، ئەلۋەتتە. ئۇ «لەۋلىرىمىزدىكى مول ئىبادەت-مەدھىيە»نى كۆرستىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «لەۋلىرىمىزدىكى مېۋىنى تۇتىمىز».

**3:14** «**چۈنكى سەندىنلا يېتىم-يېسىرلار رەھىم-شەپقەت تاپىدۇ»»** ــ بۇ سۆز ھوشيانىڭ

4 ــ مەن ئۇلارنى «ئارقىغا چېكىنىشلىرى»دىن ساقايتىمەن،
مەن ئۇلارنى چىن كۆڭلۈمدىن خالاپ سۆيىمەن؛
چۈنكى مېنىڭ غەزىپىم ئۇنىڭدىن ياندى.
5 مەن ئىسرائىلغا شەبنەمدەك بولىمەن؛
ئۇ نىلۇپەردەك بەرق ئۇرىدۇ،
يىلتىزلىرى لىۋان كېدىر دەرىخىدەك يىلتىز تارتىدۇ؛
6 ئۇنىڭ بىخلىرى شاخلاپ يېيىلىدۇ،
ئۇنىڭ گۈزەللىكى زەيتۇن دەرىخىدەك،
پۇرىقى لىۋان كېدىرىنىڭكىدەك بولىدۇ.
7 خەلق قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدا ئولتۇرىدۇ؛
ئۇلار زىرائەتلەردەك ياشنايدۇ،
ئۈزۈم تېلىدەك چېچەكلەيدۇ؛
لىۋاننىڭ شارابلىرى ئاغزىدا قالغاندەك، ئېسىدە شېرىن قالىدۇ.
8 ئەفرائىم: «مېنىڭ بۇتلار بىلەن يەنە نېمە كارىم!» ــ دەيدىغان بولىدۇ.
«مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىمەن، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىمەن!»؛
«مەن ياپيېشىل بىر قارىغايدۇرمەن»؛
«سېنىڭ مېۋەڭ مەندىندۇر!»
9 كىم دانا بولۇپ، بۇ ئىشلارنى چۈشىنەر؟ چېچەن بولۇپ، بۇلارنى بىلەر؟
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ يوللىرى دۇرۇستۇر،
ھەققانىيلار ئۇلاردا ماڭىدۇ؛
بىراق ئىتائەتسىزلەر ئۇلاردا پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ.

---

باللىرىنىڭ ئۆز دادىسى بىلەن بولغان كەچۈرمىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ.
**7:14 «لىۋاننىڭ شارابلىرى ئاغزىدا قالغاندەك، ئېسىدە شېرىن قالىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلدا: «ئۇنىڭ ئەسلەتمىسى لىۋاندىكى شارابنىڭكىدەك بولىدۇ».
**8:14 «ئەفرائىم: «مېنىڭ بۇتلار بىلەن يەنە نېمە كارىم!» ــ دەيدىغان بولىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ (خۇدا ئەفرائىمغا) «ئى ئەفرائىم، مېنىڭ بۇتلار بىلەن نېمە ئالاقەم بولسۇن!» ــ دەيدۇ».
**9:14** پەند. 29:10

# قوشۇمچە سۆز

ئەمدى هوشىيا پەيغەمبەر بۈگۈن بىزگە نېمىلەرنى دەيدۇ؟ ئۇ ھېچ بولمىغاندا بىزگە تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇرىدۇ: –

(1) خۇدا بەزىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بىزدىن تولىمۇ يىراق بولغان بىر سېھىرگەر ئەمەس. شۇنداقلا ئۇ ئۆزى بىزگە بېكىتكەن ئەركىنلىككە ياكى تاللاش ئىمكانىيەتلىرىمىزگە دەخلى قىلىپ بىزنى «ماشىنا ئادەملەر» قاتارىدا كونترول قىلىدىغان خۇدا ئەمەستۇر. ئەگەر بىز ئەركىنلىكلىرىمىزنى خاتا ياكى قالايمىقان ئىشلەتسەك، ئۇنداق ئىخلاسسىزلىق بىر ئادەمنى، نىكاھنى، ئائىلىنى ياكى ئەلنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

(2) خۇدا مېھىر-مۇھەببەتنى كۆرسىتىشتە ھېچ بىلگۈچىلەرنى، ھېچ سۆيۈلمىگەنلەرنى، سۆيۈملۈك بولمىغانلارنى، ئەرزىمەسلەرنى سۆيىدۇ؛ قىسقىسى، پۈتكۈل دۇنيادىكىلەرنى سۆيىدۇ؛ ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەييار تۇرىدۇ.

(3) ئۇ ھەرگىزمۇ «ئۈچ بۇرجەكلىك مۇھەببەت»نىڭ بىر بۇرجىكى بولۇشقا ياكى «تۆت كۇنلۇك نىكاھ»قا رازى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھ ياكى باشقا مۇناسىۋەت بولسۇن، تولۇق، سادىق، مەڭگۈلۈك مۇھەببەتتىن بولۇشى كېرەككى، ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ كەم بولسا ھەرگىز رازى بولمايدۇ.

## هوشىيانىڭ بېشارەتلىرى، ئىسرائىلنىڭ كېلەچىكى

(11:1) «ئىسرائىل باللىرى ۋە يەھۇدا باللىرى بىرگە يىغىلىدۇ، ئۆزلىرىگە بىرلا باشنى تىكلەيدۇ ۋە تۇرغان زېمىندىن چىقىدۇ؛ چۈنكى «يىزرەئەلنىڭ كۈنى» ئۇلۇغدۇر!»

بۇ سۆز ۋە باشقا بېشارەتلەرگە قارىغاندا، «ئىسرائىل» ۋە «يەھۇدا» ئاخىرقى زاماندا يەنە بىرلەشكەن بىرلا خەلق – «بىر باشلىق» خەلق، «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ»نىڭ يېتەكچىلىكىدە بولغان بىر خەلق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئىسرائىل»

ياكى «ئەفرائىم»نىڭ يەھۇدا بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى ئاللىقاچان باشلانغان. بىرىنچىدە بۇنىڭدا ئاز دېگەندىمۇ تۆت باسقۇچ بار: —

(1) ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تاجاۋۇز قىلغىنىدا بەزى ئىسرائىللار يەھۇدادىن پاناھ ئىزدىشى مۇمكىن ئىدى («2تار.» 8:15-15، 30-31 باب، 1:33-9)

(2) يەھۇدا بابىل ئىمپېرىيەسىگە تارقىتىلىپ سۈرگۈن قىلىنغىنىدا، شۈبھىسىزكى، (70 يىل ئىلگىرى ئاسۇرىيەگە سۈرگۈن قىلىنغان) ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىكىلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئىسپات، يەھۇدىيلار سۈرگۈنلۈكتىن پەلەستىنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى كۆپ قېتىم «ئىسرائىل» ۋە «ئون ئىككى قەبىلە» دەپ ئاتىغان (مەسىلەن، تەۋرات «1تار.» 1:9-3، «ئەزرا» 1-2-باب، 8:35، «نەھ.» 1:6، 7:7، 3:11 قاتارلىقلار).

(3) بىرىنچىدە 1-باب، 10-ئايەتتىكى بىشارەت (تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ) كەلگۈسىدىكى «جىسمانىي ئىسرائىل»نىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بولىدۇ. «جىسمانىي ئىسرائىل» دېگىنىمىز، خۇدا ئۇلارغا مىراس قىلغان قانائان زېمىنىدا كەلگۈسىدە تۇرىدىغان ئىسرائىل خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىدىن يوقاپ كەتكەن كۆپ كىشىلەرنىڭ زادى كىم ۋە قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىگىنى بىلەن بىر خۇدا ئوبدان بىلىدۇ.

(10:1) «بىراق ئىسرائىلنىڭ باللىرىنىڭ سانى دېڭىزدىكى ئۆلچىگىلى ياكى سانىغىلى بولمايدىغان قۇمدەك كۆپ بولىدۇ؛ «سىلەر مېنىڭ خەلقىم ئەمەسسىلەر» دېيىلگەن جايدا شۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، ئۇلارغا: «سىلەر تىرىك تەڭرىنىڭ ئوغۇللىرى!» — دېيىلىدۇ».

روسۇل پاۋلۇس بۇ سۆزنىڭ مەسىھكە ئىشەنگەن «يات ئەللەر (يەھۇدىي ئەمەسلەر) بولغان بىزلەر»نى كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ ئىنجىلدا ئېيتىدۇ: —

«شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ رەھىم-شەپقىتىنىڭ نىشانى قىلغان، ئۆزى شان-شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇشقا ئالدىنئالا تەييارلىغان «قاچىلار»دا، يەنى ئۆزى يەھۇدىيلار ئارىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەللەر ئارىسىدىنمۇ چاقىرغان بىزلەردە شان-شەرىپىنىڭ چەكسىزلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالىغان بولسا، بۇنىڭغا نېمە بولاتتى؟

بۇ خۇددى خۇدانىڭ ھوشىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقىنىدەك: ــ

«ئەسلى خەلقىم ھېسابلانمىغان خەلقنى خەلقىم،

ئەسلى سۆيمىگەنلەرنى سۆيگەنلىرىم دەيمەن»؛

ۋە يەنە: ــ «بۇرۇن ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ خەلقىم ئەمەسسىلەر» دېيىلگەن جايدا،

كەلگۈسىدە دەل شۇ جايدا ئۇلارغا «تىرىك خۇدانىڭ ئوغۇللىرى!» دېگەن نام بېرىلىدۇ».

(ئىنجىل، «رىملىقلارغا، 9-باب، 23-26 ئايەت)

شۇڭا «كىم دانا بولۇپ، بۇ ئىشلارنى چۈشىنەر؟ چېچەن بولۇپ، بۇلارنى بىلەر»... «ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە سۆزلەرنى ئېپكېلىڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا قايتىڭلار؛

ئۇنىڭغا: «بارلىق قەبىھلىكنى كەچۈرگەيسەن،

شاپائەت بىلەن بىزنى قوبۇل قىلغايسەن»... چۈنكى سەندىنلا يېتىم-يېسىرلەر رەھىم-شەپقەت تاپىدۇ» ـ دېسۇن!

شۇنىڭدەك خۇدا بىزگە: «مەن ئۇلارنى «ئارقىغا چېكىنىشلىرى»دىن ساقايتىمەن، مەن ئۇلارنى چىن كۆڭلۈمدىن خالاپ سۆيىمەن؛ چۈنكى مېنىڭ غەزىپىم ئۇنىڭدىن ياندى. مەن ئىسرائىلغا شەبنەمدەك بولىمەن؛

ئۇ نىلۇپەردەك بەرق ئۇرىدۇ، يىلتىزلىرى لىۋان كېدىر دەرىخىدەك يىلتىز تارتىدۇ؛ ئۇنىڭ بىخلىرى شاخلاپ يېيىلىدۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى زەيتۇن دەرىخىدەك، پۇرىقى لىۋان كېدىرىنىڭكىدەك بولىدۇ» ــ دەيدۇ!
(14:9، 2ـ6).

ئامىن!

# تەۋرات 29-قىسىم

# «يوئېل»

## (يوئېل پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### يېزىلغان ۋاقتى

يوئېل پەيغەمبەرنىڭ ياشىغان ۋاقتى ياكى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. بىراق ئۇنىڭ قىسقىغىنا كىتابىدىكى بەزى يىپ ئۇچلىرى بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ بەلكىم ئىسرائىلنىڭ «جەنۇبىي پادىشاھلىقى»نىڭ پادىشاھى يوئاش تەختكە ئولتۇرغان يىللاردا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 835-796 يىللار) بۇ كىتابنى يازغان. يوئېل ئۆز كىتابىدا كاھىن-پەيغەمبەر زەكەرىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى توغرىسىدا دارىتىپ توختىلىدۇ. يوئاش پادىشاھ زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە قىلغان تەنبىھىگە چىدىماي ئۇنى ئىبادەتخانىدىكى «ئايۋان بىلەن قۇربانگاھ ئوتتۇرىسىدا» ئۆلتۈرگەن («2تار.» 21:24 ھەم «مات.» 35:23نى كۆرۈڭ). يوئېل پەيغەمبەر: كاھىنلار دەل مۇشۇ يەردە خۇدا ئالدىدا يىقىلىپ، خەلق ئۈچۈن «يىغا-زار كۆتۈرۈپ» رەھىم تىلىشى كېرەك، دەيدۇ. مۇشۇنداق دۇئا-تىلاۋەتنى كۈچلۈك تەكىتلىشىگە قارىغاندا، يوئېلنىڭ ئۆزى كاھىن (مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا ئىشلەيدىغان، مەخسۇس «قۇربانلىق قىلغۇچى» خىزمەتكار) بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

# ئارقا كۆرۈنۈشى

چېكەتكە ئاپىتى پەلەستىن زېمىنىغا چۈشتى. بۇنداق بىر ئاپەتنى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر بۇ ھاشارەتلەر چىقارغان ۋەھىمە ھەم ۋەيرانچىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. بەزىدە ئۇلار شۇنچە زور توپ بولۇپ ئۇچىدۇكى، كۈندۈزدە قۇياش نۇرىنى، كېچىدە ئاي-يۇلتۇزلارنى توسۇپ جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. ئۇلار مەلۇم بىر جايغا چۈشسە، بىرەر مىنۇتتىن كېيىن، ياپيېشىل، باراقسان ئېتىز-باغلارنى چۆل-باياۋانغا ئايلاندۇرىدۇ؛ ھەتتا دەرەخلەر قوۋزاقلىرىدىنمۇ يالىڭاچلىنىدۇ، ھەممە جاي قاقشال بولىدۇ. دېمىسىمۇ بىر دېھقان ئۈچۈن بۇ تولىمۇ زور بالايىئاپەت بولىدۇ.

مۇشۇ ئاپەتلەر بىرنەچچە يىل داۋاملاشقان بولۇشى مۇمكىن (25:2)، نەتىجىدە خەلقنىڭ بىر قىسمى جان بېقىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇللۇققا ساتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن (6:3). 1-باب، 4-ئايەتتىن كۆرەلەيمىزكى، ئاپەت پەقەت چوڭقايغان ھاشارەتلەر بىلەنلا توختاپ قالمىغان؛ بەلكى چېكەتكىلەر ئۇچۇپ بارغانلىكى جايلاردا تۇخۇملارنى تۇغۇپ ماڭغاندى. لىچىنكىلەر تۇخۇمدىن تۆرەلگەندە، ھەربىر ئۆسۈش باسقۇچىدا تۇرغان لىچىنكىلەر ئۇدۇل كەلگەن گۈل-گىياھلارنى ۋەيران قىلاتتى. بۇ ئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى «چىشلىگۈچى قۇرت»لار، «چېكەتكە لىچىنكىلەر»، «ۋەيرانچى قۇرت»لار بولسا چېكەتكىلەرنىڭ بىر قانچە خىل نەسلى بولۇشىمۇ ياكى ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم نەسىل بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

يوئېل پەيغەمبەر ئېنىق كۆرىدۇكى، بۇ ئاپەتلەر «تاسادىپىيلىقتىن بولغان» ئەمەس؛ خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدە بويىچە، ئىسرائىللار ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل ئاپەتلەر ۋە ئاۋارىچىلىكلەرنى ئەۋەتىدۇ. يوئېل پەيغەمبەر ئۆز خەلقىنى ئاچارچىلىقتىن داد-زار كۆتۈرۈۋاتقان ھايۋانلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزىدىن: «ھېچ بولمىغاندا ھايۋانلار خۇداغا نىدا قىلىشنى بىلىدىكەن، سىلەرچۇ؟» دېگەن ھەجۋىي، كىنايىلىك مەنە چىقىدۇ.

ئۇ خەلقىنىڭ پەقەت ئىككى خىل گۇناھىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ: —

(1) مەستلىك (5:1) – ئۇ هاراقكەشلەرنى يىغا-زار قىلىشقا چاقىرىدۇ، چۈنكى ئۇلارغا ئىچكۈدەك شاراب يوق ئىدى.

(2) بىگۇناھ قان تۆكۈش (21:3).

شۇڭا خەلق قايسى گۇناھلارغا پاتقانلىقىنى ئۆزلىرى ئېنىق بىلگەن بولسا كېرەك. يوئېل كاھىنلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى بىر مەزگىل روزا تۇتۇشقا، دۇئا قىلىشقا چاقىرىدۇ. مۇشۇ روزا-دۇئادىن ھېچكىم سىرتتا قالماسلىقى كېرەك ئىدى – ھەتتا ئېمىتىلىدىغان بوۋاقلارنىمۇ ئۆيدە قالدۇرماسلىق، توي قىلىۋاتقان قىز-يىگىتلەر توي تەبرىكلەشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ئىبادەتخانىغا كېلىشى زۆرۈر ئىدى.

خۇدانىڭ ئايەتتىن قۇتقۇزۇشى توغرۇلۇق ۋەدىسى 2-باب، 18-27-ئايەتتە بېرىلىدۇ. خۇدا چېكەتكىلەردىن تەركىب تاپقان ئۆزىنىڭ مۇشۇ «قوشۇنى»نىڭ يېرىمىنى ئوتتۇرا دېڭىزغا، يېرىمىنى شەرقتىكى «ئۆلۈك دېڭىز»غا پۈۋلەيدۇ، ئاندىن خەلقنىڭ زىرائەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ھەتتا چېكەتكىلەر يەۋەتكەن «ئىسراپ بولغان» يىللارنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. خەلق پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقى بويىچە خۇداغا نىدا قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا قايتتى، ئاندىن خۇدا ۋەدىسى بويىچە چېكەتكىلەرنى يوقىتىپ، خەلقنى قۇتقۇزدى. ئەگەر خەلق شۇنداق توۋا قىلمىغان بولسا، خۇدا شۇنداق قىلمىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە؛ شۇنداقلا ئۇلارنىڭ توۋا قىلىشى بىلەن بولغان نەتىجە يوئېل ئېيتقىنىدەك شۇنچە بەرىكەتلىك بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا يوئېل ھەرگىز «پەيغەمبەر» دەپ ئېتىراپ قىلىنمىغان بولاتتى. «يوئېل پەيغەمبەر» دېگەن كىتابنىڭ قولىمىزدا ھازىرغىچە بولۇشى بۇنىڭغا ئىسپات بولىدۇ.

يوئېلنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت بولغانلىقىنى ئۆز دەۋرىدىكىلەرگە تەستىقلىتىش ئۈچۈن ھەم «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دە بولىدىغان جازالارغا مىسال بولۇش ئۈچۈن، خۇدا پەيغەمبىرىگە تۇر شەھىرى، زىدون رايونى ھەم فىلىستىيەلەرگە ئەينى ۋاقىتتا بېرىدىغان جازالىرى توغرۇلۇق بىر بېشارەت بېرىدۇ. ئۇلار (تۇر، زىدون، فىلىستىيەلەر) خۇدانىڭ خەلقىنى، ئىبادەتخانىسىنى بۇلاپ، ئولجىنى ئۆز بۇتلىرىغا بېغىشلىغان ھەم ئىسرائىلدىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇللار بىلەن سودا قىلغان. (3-باب، 4-8-ئايەت). بۇ قۇللار ئاچارچىلىقتىن ئۆزلىرىنى قۇللۇققا سېتىشقا مەجبۇر بولغان ئادەملەر بولۇشى

مۇمكىن. يوئېل شۇ يەردىكى كىشىلەر توغرۇلۇق: «دەل شۇنداق بىر ئىش، يەنى ئۆزلىرىنى قۇللۇققا سېتىشقا مەجبۇر بولۇشى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ» دېگەندەك بېشارەت بېرىدۇ. تارىختا بۇ ئىشلارنىڭ قاچان ۋە قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيمىز. بىراق ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەن يۈز بەرگەنلىكىگە جەزم قىلالايمىز. چۈنكى ئەگەر بۇ ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولسا، يوئېل ھەرگىز «پەيغەمبەر» دەپ ئېتىراپ قىلىنمىغان بولاتتى، ئۇنىڭ ئۇشبۇ يازمىسىمۇ تەۋرات يازمىلىرى قاتارىغا ھەرگىز كىرگۈزۈلمىگەن بولاتتى.

بىراق پەقەت ئىسرائىلغىلا ئەمەس، بەلكى ھەر دەۋردىكى ھەربىر ئەل ئۈچۈن «يوئېل پەيغەمبەر» دېگەن كىتابتا تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ ۋەزنىلىك بىر سۆز-ئاگاھ بار. ھەزرىتى يوئېل ھەممىنى يالمايدىغان، جاھاننى قاراڭغۇلۇققا سالىدىغان، بۇ توپ-توپ دەھشەتلىك ھاشارەتلەرگە قاراپ، بۇ ئىشنىڭ ئۆزى كەلگۈسىدە خۇدانىڭ ئۇلۇغ ھەم دەھشەتلىك، ھەممىنى سورايدىغان قىيامەت كۈنى، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. شۇ كۈندە چېكەتكىلەردىن تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ۋەھىملىك بولغان، ۋەيران قىلغۇچى بىر قوشۇن ئۆز خەلقىنىڭ زېمىنىغا يەنە تاجاۋۇز قىلىدۇ. بېشارەت بويىچە بۇ قوشۇن جىن-شەيتانلار تەرىپىدىن كۈچلەندۈرۈلىدۇ. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى بويىچە، بۇ «دەججال» (شەيتاننىڭ ۋەكىلى)نىڭ قوشۇنى بولىدۇ. ئايان بولىدۇكى، يوئېلنىڭ دەۋردىكىلەرنىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» توغرۇلۇق ئازراق خەۋىرى بار. بىراق ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شۇ كۈن توغرىسىدا: «خۇدا ھەممە بۇتپەرەس كاپىر ئەجنەبىي ئەللەرنى قاتتىق ئۇرىدۇ، "خۇدانىڭ خەلقى بولغان بىزلەر" كۆتۈرۈلىمىز» دېگەن ئىرقچى، بىمەنە مىللەتچى كۆز-قاراشتا بولغانىدى. ئۇلار: «بىز ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ (جىسمانىي) نەسلى بولغاندىن كېيىن، خۇدا بىزگە بەخت ئاتا قىلىشى زۆرۈر» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بىراق تەۋراتتىن ھەربىر ئوقۇرمەنگە ئايانكى، ھەزرىتى ئىبراھىمغا ۋەدە قىلىنغان بەرىكەتلەرگە مىراس بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئېتىقادلىق، ھەققانىي ئىزلىرىنى باسمىسا، بۇ ۋەدىلەر بىكار بولىدۇ.

شۇڭا يوئېل ئۇلارغا ئېيتىدۇ ــ «بۇ ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر

كۈن» – پەقەت بۈتپەرەس كاپىرلار ئۈستىگىلا ئەمەس، بەلكى ئىسرائىلنىڭ خۇدادىن يىراقلاشقىنىدىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگىمۇ چۈشىدۇ. بىراق ئۆز كۈنىدە خۇدا يوئېلنىڭ خەلقىنى چېكەتكىلەرنىڭ ئاپىتىدىن قۇتقۇزغاندەك، شۇ كۈنىدىمۇ قۇتقۇزۇلۇش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ. گۇناھتىن يېنىپ «پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى چاقىرىپ ندا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ» – يەنى تاجاۋۇزچى قوشۇندىن قۇتقۇزۇلىدۇ. ئاخىرغا بېرىپ، خۇدا بىلەن قارشىلىشىدىغان بۇ قوشۇن ۋەيران قىلىنىدۇ. ھەم تىنچ-ئامانلىق ھەم ئاۋاتلىق ئاۋۋال «ھەممە گۇناھلىرىدىن پاكلاندۇرۇلغان بىر ئىسرائىل»غا ئاتا قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈلىدۇ – چۈنكى خۇدا «ئۆز روھىمنى بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئۈستىگە قۇيىمەن» دېگەن مەقسىتىنى يوئېل ئارقىلىق بىزگە جاكارلىغان (28:2).

تەرجىمىمىزدە بىز تەۋراتشۇنسلارنىڭ تەتقىقلىرىدىن، بولۇپمۇ يەھۇدىي ئالىم «دوكتور ئارنولد فرۇختېنبائۇم» ھەم ئەنگلىيەلىك ئالىم داۋۇت پرىيورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندۇق.

## مەزمۇن: –

(1) 1-باب – چېكەتكە ئاپىتى پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىگە بىشارەت بېرىدۇ
(2) 2-باب – چېكەتكىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقى
(3) 3-باب، 1-16 – پەرۋەردىگار ئەللەرنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ
(4) 3-باب، 17-21 – پەرۋەردىگار «يەھوشافات جىلغىسى»دا بارلىق ئەللەرنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ

# يوئېل

## چېكەتكە ئاپىتى پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىگە بېشارەت بېرىدۇ

1 [1] پەرۋەردىگارنىڭ پېتۇئېلنىڭ ئوغلى يوئېلغا كەلگەن سۆزى: —
[2] — ئى قېرىلار، ئاڭلاڭلار؛
زېمىندا بارلىق تۇرۇۋاتقان ھەممەيلەن، قۇلاق سېلىڭلار؛
ئۆز كۈنلىرىڭلاردا ياكى ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ كۈنلىرىدىمۇ شۇنداق
بىر ئىش بولۇپ باققانمۇ؟
[3] بالىلىرىڭلارغا شۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار،
بالىلىرىڭلار ئۆز بالىلىرىغا ئېيتسۇن،
ئۇلارمۇ كېيىنكىلەر دەۋرگە ئېيتسۇن: —
[4] «چىشلىگۈچى قۇرت» قالدۇرغاننى چېكەتكە يەپ بولدى،
چېكەتكە قالدۇرغاننى چېكەتكە لىچىنكىلىرى يەپ بولدى،
چېكەتكە لىچىنكىلىرى قالدۇرغاننى «ۋەيرانچى قۇرت»لار يەپ
بولدى.
[5] ئەي، ھاراقكەشلەر، ئويغىنىپ قاتتىق يىغلاڭلار،
ھۆۋلىشىڭلار، ئى شاراب ئىچكۈچىلەر،
يېڭى شاراب تۈپەيلىدىن —
چۈنكى ئۇ ئاغزىڭدىن ئېلىپ تاشلاندى.
[6] چۈنكى بىر خەلق، كۈچلۈك، سانسىزلىغان خەلق،
زېمىنىم ئۈستىگە بېسىپ كەلدى؛
ئۇنىڭ چىشلىرى بولسا شىرنىڭ چىشلىرى،
ئۇنىڭدا شىرنىڭ ھېڭگاك چىشلىرى باردۇر؛

4:1 **««چىشلىگۈچى قۇرت»لار... «ۋەيرانچى قۇرت»لار** — «چېكەتكە لىچىنكە» ۋە «ۋەيرانچى قۇرت»لار بولسا بەلكىم چېكەتكىنىڭ ئۆسۈش جەريانىدىكى ئۈچ خىل شەكلى، بولمىسا ئۈچ خىل باشقا زىياندىش ھاشارەتلەر بولۇشى مۇمكىن.

7 ئۇ مېنىڭ ئۈزۈم تاللىرىمنى ۋەيرانە قىلىۋەتتى،
ئەنجۈر دەرىخىمنىڭ قوۋزاقلىرىنى سىيرىۋەتتى،
ئۇلارنى يالىڭاچلاپ، تاشلىۋەتتى؛
ئۇلارنىڭ شاخلىرى ئاقلىۋېتىلدى.
8 ياشلىقىدىكى ئېرى ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ بۆز كىيىملەرگە ئورانغان
نەۋجۇۋاندەك قاتتىق يىغلاپ چېقىڭلار؛
9 پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى ئاشلىق ھەدىيەسىدىن ھەم شاراب
ھەدىيەلىرىدىن مەھرۇم قىلىندى؛
كاھىنلار، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتچىلىرى ماتەم تۇتىدۇ.
10 ئېتىزلار چۆلدەرەپ كەتتى،
زېمىن ماتەم تۇتىدۇ؛
چۈنكى زىرائەتلەر غازان بولدى،
يېڭى شاراب قۇرۇپ كەتتى،
زەيتۇن مېيى قاغجىرىدى.
11 ھەي دېھقانلار، ئۈيۈلۈڭلار؛
بۇغدايلار ھەم ئارپىلار ئۈچۈن يالۋۇرۇڭلار، ئى ئۈزۈمچىلەر،
چۈنكى ئېتىزلارنىڭ ھوسۇللىرى قۇرۇپ كەتتى.
12 ئۈزۈم تېلى قاغجىراپ كەتتى،
ئەنجۈر دەرىخى سولىشىپ قالدى،
ئانار دەرىخى، خورما پالمىسى ھەم ئالما دەرىخىمۇ،
دالادىكى بارلىق دەرەخلەر سولىشىپ كەتتى؛
بەرھەق، شادلىقمۇ ئادەم باللىرىدا سولىشىپ كەتتى.
13 بېلىڭلارنى باغلاڭلار، پەرياد ئوقۇڭلار، ئى كاھىنلار؛
ھۆۋلاڭلار، ئى قۇربانگاھنىڭ خىزمەتچىلىرى؛

---

9:1 **«ئاشلىق ھەدىيەسىدىن ھەم شاراب ھەدىيەلىرى...»** — «ئاشلىق ھەدىيەلىرى» ھەم «شاراب ھەدىيەلىرى» ئادەتتە «كۆيدۈرمە قۇربانلىق»لار ھەم «تەشەككۇر قۇربانلىق»لىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلاتتى. **«كاھىنلار، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتچىلىرى»** — «كاھىن» مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا پۇقرالار ئۈچۈن مەخسۇس قۇربانلىقنى كۆيدۈرگۈچى كىشى.

كېچىچە بوز كىيىملەرنى كىيىپ دۇم يېتىڭلار، ئى خۇدانىڭ خىزمەتچىلىرى؛
چۈنكى خۇدايىڭلارنىڭ ئۆيىدىن ئاشلىق ھەدىيەسى ھەم شاراب ھەدىيەسى ئۈزۈلۈپ قالدى.
14 «روزا تۇتايلى» دەپ خۇداغا مەخسۇس بىر مەزگىلنى ئايرىڭلار،
جامائەتكە مەخسۇس يىغىلىمىز، دەپ جاكارلاڭلار؛
ئاقساقاللارنى، زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ ئۆيىگە يىغىپ،
پەرۋەردىگارغا نالە كۆتۈرۈڭلار!

15 ــ ئاھ، شۇ كۈن!
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى يېقىنلاشتى،
ئۇ ھەممىگە قادىر تەرىپىدىن ھالاكەت بولۇپ كېلىدۇ.
16 مانا، غىزا كۆز ئالدىمىزدىن ئېلىپ تاشلاندى ئەمەسمۇ؟
شادلىق، خۇشاللىق خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ تاشلاندى ئەمەسمۇ؟
17 ئۇرۇقلار توپا-چالمىلار ئاستىدا چىرىپ كەتتى،
ئامبارلار خارابىلەشتى،
بوغۇزخانىلار غۇلاپ چۈشتى؛
چۈنكى زىرائەتلەر غازاڭ بولدى.

13:1 «خۇدايىڭلارنىڭ ئۆيى» ــ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ.
14:1 يو. 2:12-15
15:1 «ئۇ شۇ كۈن ھەممىگە قادىر تەرىپىدىن ھالاكەت بولۇپ كېلىدۇ» ــ مۇشۇ سۆز يوئېلغا زامانداش يەھۇدىي خەلقىنىڭ كۆپىنچىسىنى چۆچۈتىدىغان ئالاھىدە گەپ. ئۇلار: ««پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» بىز يەھۇدىي خەلقىگە نىجاتنى ئېلىپ كېلىدۇ، ھەربىر باشقا مىللەتكە ھالاكەتنى ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ ئويلايتتى. يوئېل پەيغەمبەر شۇ كۈننىڭ ھەربىر گۇناھكار ئادەمگە (مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، يەھۇدىي بولمىسۇن) ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ جاكارلايدۇ.
15:1 يەش. 9:2-22؛ 6:13
16:1 «خۇدايىمىزنىڭ ئۆيى» ــ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

18 چارپايلار شۇنداق ھۆركىرىشىپ كەتتى!
كالا پادىلىرى پاتىپاراق بولدى،
ئوتلاقنى تاپالمىغاچ؛
قوي پادىلىرىمۇ ئۆزى «گۇناھىمىز بار» دېگەندەك مەيۈسلەندى؛
19 ئاھ، پەرۋەردىگار، ساڭا نىدا قىلىمەن؛
چۈنكى ئوت ياللۇنلىرى جاڭگالدىكى ئوت-چۆپلەرنى يەۋەتتى،
يالقۇن دالادىكى بارلىق دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
20 دالادىكى ھايۋانلارمۇ ساڭا نىدا قىلىدۇ،
چۈنكى ئېرىق-ئۆستەڭلەر قۇرۇپ كەتتى،
ئوت-يالقۇن جاڭگالدىكى ئوت-چۆپلەرنى يەۋەتتى.

## چېكەتكىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقى

2 1 زىئون تېغىدا كاناي چېلىڭلار،
مۇقەددەس تېغىمدا ئاگاھ سىگنالىنى ئاڭلىتىڭلار؛
زېمىندا تۇرغۇچى ھەممەيلەن دىر-دىر تىترىسۇن؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى كېلىدۇ، ئۇ يېقىندىدۇر.
2 ئۇ كۈن بولسا قاراڭغۇ ھەم سۈرۈن كۈن،
بۇلۇتلار قاپلانغان ھەم قاپقاراڭغۇ زۇلمەت كۈن، ــ تاڭ سەھەر تاغلار ئۈستىگە يېيىلغاندەك،

18:1 **«چارپايلار شۇنداق ھۆركىرىشىپ كەتتى! كالا پادىلىرى پاتىپاراق بولدى، ئوتلاقنى تاپالمىغاچ؛ قوي پادىلىرىمۇ ئۆزى «گۇناھىمىز بار» دېگەندەك مەيۈسلەندى؛»** ــ ھەتتا چارۋىلار، دالادىكى ھايۋانلار خۇداغا نىدا كۆتۈرۈۋاتقانغا ئوخشايدۇ (20-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). نېمىشقا ئەمدى خۇدانىڭ خەلقى ئۇنىڭغا ھېچ دۇئا قىلمايدۇ؟

1:2 **«زىئون تېغىدا كاناي چېلىڭلار»** ــ «زىئون» ياكى «زىئون تېغى» ــ يېرۇسالېم شەھىرى، جۈملىدىن مۇقەددەس ئىبادەتخانا جايلاشقان تاغدۇر. «زىئون» بەلكىم «كۆرۈنەرلىك» دېگەن مەنىدە. ئۇ دائىم خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە ھىمايە بولغىنىغا سىمۋول بولىدۇ. **«كاناي چېلىڭلار»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بۇرغا چېلىڭلار».

1:2 يو. 15:1؛ زەف. 14:1، 15

زور ھەم كۈچلۈك بىر خەلق كېلىدۇ؛
ئۇلارغا ئوخشاش بولغۇچىلار بولۇپ باقمىغان،
ئۇلاردىن كېيىنمۇ، دەۋردىن-دەۋرگە يەنە بولمايدۇ.
3 ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرگۈچى ئوت ماڭىدۇ،
ئۇلارنىڭ كەينىدە بولسا بىر يالقۇن كۆيدۈرۈپ ئۆتىدۇ؛
كېلىشتىن بۇرۇن زېمىن «ئېرەم باغچىسى»دەك،
بىراق ئۇلارنىڭ تاپىنى تەگكەندىن كېيىن گۈل-گىياھسىز چۆل-باياۋان بولىدۇ؛
بەرھەق، ئۇلاردىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
4 ئۇلارنىڭ قىياپىتى ئاتقا ئوخشايدۇ،
ئاتلىق لەشكەردەك چاپىدۇ.
5 جەڭ ھارۋىلىرى گۈلدۈرلىگەندەك سادا بىلەن ئۇلار تاغ چوققىلىرىدىن سەكرەپ ئۆتىدۇ؛
پاخالنى پاراسلاپ كۆيدۈرگەن ئوت ئاۋازىدەك تاراسلاپ ماڭىدۇ،
دەبدەبىلىك سەپ تۈزەپ تۇرغان كۈچلۈك قوشۇندەك يۈرىدۇ،
6 ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەللەر قاتتىق ئازابلىنىدۇ،
ھەممە چىراي تاتىرىپ كېتىدۇ.
7 ئۇلار پالۋانلاردەك يۈگۈرىدۇ؛
جەڭچىلەردەك سېپىلدىن ئارتىلىپ ئۆتىدۇ؛
ھەممىسى ئۆز ئالدىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ؛
سەپلىرىنى ھېچ بۇزمايدۇ.
8 ھېچقايسىسى ئۆز قېرىندىشىنى قىستىمايدۇ؛
ھەرقايسىسى ئۆز يولىدا ماڭىدۇ؛
قوراللارغا ئېتىلسىمۇ، يارىلانماي ئۆتۈپ ماڭىدۇ؛
9 شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە چېپىشىدۇ؛
سېپىل ئۈستىدە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ؛

8:2 **«قوراللارغا ئېتىلسىمۇ، يارىلانماي ئۆتۈپ ماڭىدۇ»** — بىرنەچچە خىل تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش تەس.

ئۆيلەرگە يامىشىپ چىقىدۇ؛
دېرىزىلەردىن ئوغرىدەك كىرىدۇ.
10 ئۇلار ئالدىدا يەر-زېمىننى تىترەك باسىدۇ،
ئاسمانلار تەۋرىنىپ كېتىدۇ؛
قۇياش ھەم ئاي قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ،
يۇلتۇزلار جۇلاسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.
11 پەرۋەردىگار ئۆز قوشۇنى ئالدىدا ئاۋازىنى قويۇۋېتىدۇ،
چۈنكى ئۇنىڭ بارگاھى پايانسىزدۇر؛
ئۇنىڭ سۆزىنى ئورۇنلىغۇچى كۈچلۈكتۇر؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى ئۇلۇغ، ئىنتايىن دەھشەتلىكتۇر؛
كىم ئۇنى كۆتۈرەلىسۇن؟
12 بىراق ھەتتا ھازىرمۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
چىن كۆڭلۈڭلەر بىلەن، روزىلار بىلەن، يىغىلار بىلەن ماتەم تۇتۇپ مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىڭلار؛
13 كىيىم-كېچەكڭلارنى ئەمەس، بەلكى يۈرەك-باغرىڭلارنى تىلىپ،
پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىڭلار؛
چۈنكى ئۇ مېھىر-شەپقەتلىك ھەم رەھىمدىل،
ئاسان غەزەپلەنمەيدۇ، زور مېھىر-مۇھەببەتلىكتۇر،
يامانلىقتىن ياندىغان خۇدادۇر.
14 كىم بىلىدۇ، ئۇ جازالاشتىن يېنىپ، رەھىم قىلىپ بىرەر بەرىكەتنى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارغا سۇنغۇدەك بىرەر ئاشلىق ھەدىيەسى ھەم شاراب ھەدىيەسىنى قالدۇرۇپ كېتەمدۇ تېخى؟

---

**10:2** يەش. 10:13؛ ئەز. 7:32؛ يو. 31:2، 15:3

**11:2** يەر. 7:30؛ ئام. 18:5؛ زەف. 15:1

**12:2** يەر. 1:4

13:2 **«كىيىم-كېچەكڭلارنى ئەمەس، بەلكى يۈرەك-باغرىڭلارنى تىلىپ،...»** ــ كونا زامانلاردا قاتتىق قايغۇ-ھەسرەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خەقلەر كىيىملىرىنى يىرتاتتى.

**13:2** مىس. 6:34؛ زەب. 15:86؛ يۇن. 2:4

**14:2** يۇن. 9:3

15 زىئون تېغىدا كاناي چېلىڭلار،
«روزا تۇتايلى» دەپ خۇداغا مەخسۇس بىر مەزگىلنى ئايرىڭلار،
جامائەتكە مەخسۇس يىغىلىمىز، دەپ جاكارلاڭلار؛
16 ئەلنى يىغىڭلار، جامائەتنى پاكلاندۇرۇڭلار،
ئاقساقاللارنى جەم قىلىڭلار، باللارنى، ئېمىۋاتقانلارنىمۇ يىغىڭلار؛
توي قىلىۋاتقان يىگىت ئۆز ئۆيىدىن،
ياتلىق بولىدىغان قىز ھۇجرىسىدىن چىقسۇن؛
17 كاھىنلار، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتچىلىرى ئايۋان بىلەن قۇربانگاھ ئوتتۇرىسىدا يىغا-زار كۆتۈرسۇن،
ئۇلار ئېيتسۇنكى، «ئى پەرۋەردىگار، ئۆز خەلقىڭگە ئىچىڭنى ئاغرىتقايسەن،
ئۆز مىراسىڭنى خورلۇقتىن ساقلاپ،
ئۇلارنى ئەللەرگە سۆز-چۆچەك بولۇشقا قويمىغايسەن؛
ئەل-يۇرتلار ئارىسىدا: «ئۇلارنىڭ خۇداسى قېنى؟» دېيىلمىسۇن».

18 ئاندىن پەرۋەردىگار ئۆز زېمىنىغا ئوتلۇق مۇھەببىتىنى،
ئۆز خەلقىگە رەھىم-شەپقەتنى كۆرسەتتى؛

---

15:2 **«كاناي چېلىڭلار»** — ئىبرانىي تىلىدا «بۇرغا چېلىڭلار».
**15:2** يو. 14:1
16:2 **«ئەلنى يىغىڭلار، جامائەتنى پاكلاندۇرۇڭلار»** — مۇشۇ «پاكلاندۇرۇش» بەلكىم ھەربىر ئادەمنى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس قانۇندا بېكىتىلگەن ھەربىر هارام نەرسىدىن ئايرىۋېتىش دېگەنلىكتۇر. **«توي قىلىۋاتقان يىگىت ئۆز ئۆيىدىن، ياتلىق بولىدىغان قىز ھۇجرىسىدىن چىقسۇن»** — «قان.» 7:20، 5:24 بىلەن سېلىشتۇرساق، ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىقى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ.
17:2 **«ئىبادەتخانىدىكى ئايۋان بىلەن قۇربانگاھ ئوتتۇرىسىدا يىغا-زار كۆتۈرۈڭلار»** — نېمىشقا ئاشۇ جايدا شۇنداق قىلىش كېرەك؟ پىكرىمىزچە، بۇ ئەمر بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى بىر ۋەقە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، يەنى يەھۇدانىڭ پادىشاھى يوئاش زەكەرىيا دېگەن كاھىن-پەيغەمبەرنى دەل ئاشۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋەتكەن («2تار.» 21:24 ھەم «مات.» 35:23نى كۆرۈڭ). **«ئۆز مىراسىڭنى خورلۇقتىن ساقلاپ... »** — «پەرۋەردىگارنىڭ مىراسى» مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، ئۆز خەلقىنى كۆرسىتىدۇ.
**17:2** زەب. 10:42؛ 10:79؛ 2:115

19 پەرۋەردىگار جاۋابەن ئۆز خەلقىگە مۇنداق دېدى: ــ
«مانا، مەن سىلەرگە بۇغداي، يېڭى شاراب ۋە زەيتۇن مېيىنى ئەۋەتىمەن،
سىلەر بۇلاردىن قاندۇرۇلىسىلەر؛
ۋە مەن سىلەرنى قايتىدىن ئەللەر ئارىسىدا شەرمەندە قىلىپ قويمايمەن؛
20 ھەم شىمالدىن كەلگۈچىنى سىلەردىن يىراق قىلىپ،
ئۇنىڭ ئالدى قىسمىنى شەرقىي دېڭىزغا،
كەينى قىسمىنى غەربىي دېڭىزغا قوغلىۋېتىمەن؛
ئۇنى چۆل بىر زېمىنغا ھەيدىۋېتىمەن؛
ئۇنىڭ سېسىقلىقى پۇراپ تۇرىدۇ،
پاسىق ھىدى چىقىدۇ؛
چۈنكى ئۇ «چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچىمەن» دەپ ئۆزىنى ئۇلۇغ قىلماقچى بولىدۇ.
21 قورقما، ئى زېمىن؛
شادلىنىپ خۇشال بول؛

---

19:2 **«ئاندىن پەرۋەردىگار ... رەھىم-شەپقىتىنى كۆرسەتتى 18-ئايەت... ئۆز خەلقىگە مۇنداق دېدى: ... »** ــ قارىغاندا خەلق خۇدانىڭ سۆزى بويىچە دۇئا-تىلاۋەت قىلغان، خۇدا دەرۋەقە ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا ھازىر جاۋاب بېرىدۇ.
—بەزى ئالىملار بۇ سۆزلەرنى: «ئاندىن پەرۋەردىگار ... رەھىم-شەپقەتنى كۆرسىتىدۇ... بەرھەق مۇنداق دەيدۇ: ... » دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.
20:2 **«ھەم شىمالدىن كەلگۈچىنى سىلەردىن يىراق قىلىپ،...»** ــ «شىمالدىن كەلگۈچى» بولسا بەلكىم بىرلا ۋاقىتتا بىرگە ئىككى بېشارەتنى تەڭ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىرىنچىدىن، يوئېل پەيغەمبەرنىڭ زامانىدىكى، شىمالدىن كەلگەن «چېكەتكە قوشۇنى»نى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئاخىرقى زامانىدىكى، شىمالدىن كېلىدىغان، ئىسرائىل خەلقىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، شەيتان قوزغايدىغان چوڭ بىر قوشۇننىمۇ كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ. **«ئۇنىڭ ئالدى قىسمىنى شەرقىي دېڭىزغا، كەينى قىسمىنى غەربىي دېڭىزغا...»** ــ «شەرقىي دېڭىز» «ئۆلۈك دېڭىز»نى، «غەربىي دېڭىز» «ئوتتۇرا دېڭىز»نى كۆرسىتىدۇ. **«چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگار «چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچىمەن...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «چۈنكى ئۇ (پەرۋەردىگار) ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ» (21-ئايەتتىكىدەك).

چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان.
22 ئى دالادىكى ھايۋانلار، قورقماڭلار؛
چۈنكى چۆللۈكتىكى ئوت-چۆپلەر بەرق ئۇرماقتا؛
دەرەخ مېۋىسىنى بەرمەكتە،
ئەنجۈر دەرىخى، ئۈزۈم تېلى تولۇق ھوسۇل بېرىدۇ.
23 ھەم سىلەر، زىئوننىڭ باللىرى، شادلىنىپ پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردىن خۇرسەن بولۇڭلار؛
چۈنكى ئۇ ھەققانىيلىق بويىچە سىلەرگە «ئاۋۋالقى يامغۇرلار»نى بېرىدۇ؛
ئۇ سىلەرگە ھۆل-يېغىن بېرىدۇ،
يەنى باشتا بولغاندەك «ئاۋۋالقى يامغۇرلار» ھەم «كېيىنكى يامغۇرلار»نى ياغدۇرىدۇ.
24 خامانلار بۇغدايغا تولغان بولىدۇ،
ئىدىش-كۆپلەر يېڭى شاراب ھەم مايلارغا تولۇپ تاشىدۇ.
25 ۋە مەن سىلەرگە چېكەتكىلەر، چېكەتكە لىچىنكىلىرى، «ۋەيرانچى قۇرت»لار، «چىشلىگۈچى قۇرت»لار،
يەنى مەن ئاراڭلارغا ئەۋەتكەن ئۇلۇغ قوشۇنۇم يېگەن يىللارنى قايتۇرۇپ بېرىمەن؛

---

21:2 **«چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان»** — ياكى «چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ».

23:2 **«چۈنكى ئۇ ھەققانىيلىق بويىچە سىلەرگە «ئاۋۋالقى يامغۇرلار»نى بېرىدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى ئۇ سىلەرگە «ھەققانىيلىقنى ئۆگەتكۈچى»نى ئەۋەتىدۇ، ھۆل-يېغىن بېرىدۇ». ئىككى تەرجىمىسى بەلكىم تەڭ ئىناۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇنداقتا «ھەققانىيلىقنى ئۆگەتكۈچى» قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسىتىشى كېرەك بولىدۇ. **«ئۇ سىلەرگە ھۆل-يېغىن بېرىدۇ، يەنى باشتا بولغاندەك «ئاۋۋالقى يامغۇرلار» ھەم «كېيىنكى يامغۇرلار»نى ياغدۇرىدۇ»** — «ئاۋۋالقى يامغۇرلار» (ياكى «دەسلەپكى يامغۇرلار») قانائاندا 10-ئايدا ياغدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇپراق يۇمشىتىلىپ، يەر ھەيدەش ئاندىن ئۇرۇق چېچىش مۇمكىن بولىدۇ. «كېيىنكى يامغۇرلار» ئىسرائىلدا 3- ياكى 4-ئايدا يېغىپ، ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنى پىشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ھەربىر دېھقان «كېيىنكى يامغۇر»غا تەشنادۇر، ئۇنى بەك قەدىرلەيدۇ.

25:2 يو. 4:1

26 سىلەر بولۇشچە يەپ، قاندۇرۇلىسىلەر،
شۇنىڭدەك سىلەرگە كارامەت ئىشلارنى كۆرسەتكەن پەرۋەردىگار
خۇدايىڭلارنىڭ نامىنى مەدھىيىلەيسىلەر؛
شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ خەلقىم ھەرگىز يەنە خىجالەتكە قالمايدۇ.
27 سىلەر مېنىڭ ئىسرائىل ئىچىدە تۇرغانلىقىمنى،
شۇنداقلا مەنكى پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار ئىكەنلىكىمنى،
مەندىن باشقا ھېچكىم بولمايدىغانلىقىنى بىلىسىلەر؛
شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ خەلقىم ھەرگىز يەنە خىجالەتكە قالمايدۇ.
28 ھەم كېيىن، مەن ئۆز روھىمنى بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئۈستىگە
قۇيىمەن؛
سىلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىڭلار بېشارەت بېرىدۇ،
قېرىلىرىڭلار ئالامەت چۈشلەرنى كۆرىدۇ،
يىگىتلىرىڭلار غايىبانە ئالامەت كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىدۇ؛
29 بەرھەق، شۇ كۈنلەردە قۇللار ئۈستىگىمۇ، دېدەكلەر ئۈستىگىمۇ
روھىمنى قۇيىمەن.
30 مەن ئاسمانلاردا، زېمىندا كارامەتلەرنى،
قان، ئوت، ئىس-تۈتەك تۈۋرۈكلىرىنى كۆرسىتىمەن.
31 پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغ ھەم دەھشەتلىك كۈنى كەلمىگۈچە،
قۇياش قاراڭغۇلۇققا،
ئاي قانغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.
32 ھەم شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى،
پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى
قۇتقۇزۇلىدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار دېگىنىدەك، زىئون تېغىدا ھەم يېرۇسالېمدا،

---

28:2 **«سىلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىڭلار بېشارەت بېرىدۇ»** — ياكى «سىلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىڭلار پەيغەمبەرلىك قىلىدۇ».

**28:2** يەش. 3:44؛ ئەز. 29:39؛ روس. 17:2

**31:2** يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش. 10:13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات .29:24؛ روس. 20:2؛ ۋەھ. 6:12-13

ھەمدە پەرۋەردىگار چاقىرماقچى بولغان «قالدىسى»لار ئۈچۈن
قۇتقۇزۇش-نىجات بولىدۇ.

## پەرۋەردىگار ئەللەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ

3 [1] چۈنكى مانا، شۇ كۈنلەردە، شۇ پەيتتە،
مەن يەھۇدا ھەم يېرۇسالېمنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئازادلىققا
ئېرىشتۈرگىنىمدە،
[2] مەن بارلىق ئەللەرنىمۇ يىغىپ،
ئۇلارنى «يەھوشافات جىلغىسى»غا چۈشۈرىمەن؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خەلقىمنى ئەللەر ئارىسىغا
تارقىتىۋەتكەنلىكىدىن،
زېمىنىمنى بۆلۈپ پارچىلىۋەتكەنلىكىدىن،
ئۇلارنى ئاشۇ يەردە مېنىڭ مىراسىم، يەنى خەلقىم ئىسرائىل
توغرىلىقتىن سوراققا تارتىمەن.
[3] ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مېنىڭ خەلقىمنى دوغا تىكىپ چەك تاشلىغان؛
بىر يىگىتنى بىر پاھىشە ئايالغا ئالماشتۇرغان،
بىر قىزنى «شاراب ئىچىمىز» دەپ شاراب ئۈچۈن ئالماشتۇرغان.

---

32:2 «پەرۋەردىگار چاقىرماقچى بولغان «قالدىسى»لار...» — ياكى «پەرۋەردىگار چاقىرىۋاتقان «قالدىسى»لار...». «پەرۋەردىگارنىڭ «قالدىسى»» — تەۋراتتا، پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان تېما ياكى ماۋزۇدۇر. ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھەم ئەللەرنىڭ كۆپ قىسمى خۇدادىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن، ئۆزىگە سادىق بىر «قالدىسى»نىڭ ھامان ھەردائىم تېپىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

32:2 ئوب. 17؛ رىم. 13:10

2:3 «مەن بارلىق ئەللەرنىمۇ يىغىپ... شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خەلقىمنى ئەللەر ئارىسىغا تارقىتىۋەتكەنلىكىدىن، ... ئۇلارنى... خەلقىم ئىسرائىل توغرىلىقتىن سوراققا تارتىمەن» — «ئەللەر» بولسا يات ئەللەر، يەھۇدىي ئەمەسلەر. «يەھوشافات جىلغىسى» — «يەھوشافات» — «ياھ» (پەرۋەردىگار) سوتلايدۇ» دېگەن مەنىدە. ئۇ بەلكىم يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى «كىدرون جىلغىسى»نى كۆرسىتىدۇ (يېرۇسالېم ھەم «زەيتۇن تېغى» ئارىسىدا).

[4] ھەي، تۇر ھەم زىدون، فىلىستىيەنىڭ بارلىق رايونلىرى، مەن سىلەرنى
نېمە قىلىپتىمەن؟
سىلەر مەندىن ئۆچ ئالماقچىمۇسىلەر؟
(بىراق مەندىن ئۆچ ئالمىز دېسەڭلار، ئۆچنى تېزلا ئۆز بېشىڭلارغا
قايتۇرۇپ بېرىمەن!)
[5] كۈمۈشلىرىم، ئالتۇنلىرىمنى بۇلىۋالغىنىڭلار تۈپەيلىدىن،
گۈزەل گۆھەرلىرىمنى ئۆز بۇتخانىلىرىڭلارغا ئاپارغىنىڭلار
تۈپەيلىدىن،
[6] يەھۇدا باللىرى ھەم يېرۇسالېمنىڭ باللىرىنى ئۆز چېگراسىدىن
يىراق قىلماق ئۈچۈن ئۇلارنى گرېكلارغا سېتىۋەتكىنىڭلار تۈپەيلىدىن،
[7] مانا، مەن ئۇلارنى سىلەر سېتىۋەتكەن جايدا ئورنىدىن تۇرغۇزىمەن،
ھەمدە قىلغىنىڭلارنى ئۆز بېشىڭلارغا قايتۇرىمەن.
[8] ئوغۇل-قىزلىرىڭلارنى يەھۇدا باللىرىنىڭ قولىغا سېتىۋېتىمەن،
ئۇلار شۇلارنى يىراقتىكى بىر ئەلگە، يەنى شېبائىيلارغا سېتىۋېتىدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار سۆز قىلغان.

## پەرۋەردىگار «يەھوشافات جىلغىسى»دا بارلىق ئەللەرنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ

[9] شۇنى ئەللەر ئارىسىدا جاكارلاڭلاركى،
«جەڭگە تەييارلىنىڭلار،
پالۋانلارنى قوزغاڭلار،
جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى يېقىنلاشسۇن،
جەڭگە ھازىر بولسۇن؛
[10] ساپان چىشلىرىنى قىلىچ قىلىپ،

---

4:3 **«ھەي، تۇر ھەم زىدون،...»** — «تۇر» بولسا لىۋاندىكى ئەڭ چوڭ پورت ھەم قۇدرەتلىك شەھەر، زىدون ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايون.

8:3 **«ئۇلار شۇلارنى يىراقتىكى بىر ئەلگە، يەنى شېبائىيلارغا سېتىۋېتىدۇ»** — «شېبائىيلار» «شېبا» دېگەن رايوندىكىلەر بولۇشى مۇمكىن.

**ئورغاقلىرىڭلارنى نەيزە قىلىپ سوقۇڭلار؛**
**ئاجىز ئادەممۇ: «مەن كۈچلۈك» دېسۇن؛**
**11 ئەتراپتىكى ھەممە ئەللەر، تېزدىن كېلىڭلار،**
**ھەممىڭلار شۇ يەرگە جەم بولۇڭلار!».**
**«ئۆزۈڭنىڭ كۈچلۈكلىرىڭنى ئاشۇ يەرگە چۈشۈرگەيسەن، ئاھ پەرۋەردىگار!»**

**12 «ئەللەر قوزغىلىپ «يەھوسافات جىلغىسى»غا كەلسۇن؛**
**چۈنكى مەن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئەتراپتىكى ھەممە ئەللەرنى سوراققا تارتىمەن.**
**13 ئورغاقنى سېلىڭلار،**
**چۈنكى زىرائەت پىشتى؛**
**كېلىڭلار، چۈشۈپ چەيلەڭلار،**
**چۈنكى شاراب كۆلچەكلىرى لىق تۇشۇقتۇر،**
**ئىدىش-كۈپلەر تولۇپ تاشىدۇ.**
**چۈنكى ئۇلارنىڭ رەزىللىكى زوردۇر»**
**14 ئاھ، نۇرغۇن، نۇرغۇن كىشىلەر «قارار جىلغىسى»دا!**
**چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى «قارار جىلغىسى»غا يېقىنلاشتى.**
**15 قۇياش ھەم ئاي قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ،**
**يۇلتۇزلار ئۆز جۇلاسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.**

11:3 **«ئۆزۈڭنىڭ كۈچلۈكلىرىڭنى ئاشۇ يەرگە چۈشۈرگەيسەن، ئاھ پەرۋەردىگار!» —** بۇ سۆزلەر 1:2-11دىكى ۋە «يەش.» 3:13-5دىكى سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. «يەش.» 3:13-5دىكى ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ.
13:3 **«ئورغاقنى سېلىڭلار، چۈنكى زىرائەت پىشتى؛ كېلىڭلار، چۈشۈپ چەيلەڭلار، چۈنكى شاراب كۆلچەكلىرى لىق تۇشۇقتۇر... چۈنكى ئۇلارنىڭ رەزىللىكى زوردۇر»» —** مۇشۇ بۇيرۇق بەلكىم خۇدانىڭ «كۈچلۈكلىرى»، يەنى پەرىشتىلەرگە ئېيتىلىدۇ («ۋەھ» 17:14-20نى كۆرۈڭ).
**13:3** ۋەھ. 15:14
**15:3** يو. 10:2؛ 4:3، 15؛ يەش. 10:13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2؛ ۋەھ. 12:6-13

16 پەرۋەردىگار زىئوندىن ھۆركىرەيدۇ،
يېرۇسالېمدىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىدۇ؛
ئاسمانلار، زېمىنلار سىلكىنىدۇ؛
لېكىن پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە باشپاناھ،
ئىسرائىل باللىرىغا كۈچ-ھىمايە بولىدۇ.

## پەرۋەردىگار زىئوننى ئۆز ماكانى قىلىدۇ

17 شۇنىڭ بىلەن سىلەر مەنكى پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار
ئىكەنلىكىمنى،
ئۆز مۇقەددەس تېغىم زىئوندا تۇرىدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر؛
يېرۇسالېم پاك-مۇقەددەس بولىدۇ،
ئۇنىڭدىن ھېچ يات ئادەملەر يەنە ئۆتمەيدۇ.
18 ھەم شۇ كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى،
تاغلار يېڭى شارابنى تېمىتىدۇ،
دۆڭ-ئېگىزلىكلەردىن سۈت ئاقىدۇ،
يەھۇدادىكى بارلىق ئېرىق-ئۆستەڭلەردە لىق سۇ ئاقىدۇ؛
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىن بىر بۇلاق چىقىدۇ،
شىتتىم جىلغىسىنى سۇغىرىدۇ.
19 مىسىر بولسا بىر چۆللۈك،
ئېدوم ئادەمزاتسىز بىر چۆل-باياۋان بولىدۇ،
ئۇلارنىڭ يەھۇدا باللىرىغا قىلغان زۇلۇم-زوراۋانلىقى تۈپەيلىدىن،
ئۇلار بۇلارنىڭ زېمىنىدا بىگۇناھ قانلارنى تۆككەنلىكى تۈپەيلىدىن.

---

17:3 **«ئۇنىڭدىن ھېچ يات ئادەملەر يەنە ئۆتمەيدۇ»** ــ دېگەن سۆز بەلكىم: (1) ھېچ تاجاۋۇزچى يەنە يېرۇسالېمنى بۇزمايدۇ، ۋە (2) يېرۇسالېمنى بۇلغىغۇدەك ھېچقانداق بۇتپەرەس ئادەم ئۇنىڭدىن يەنە ئۆتمەيدۇ، دېگەن ئىككى مەنىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**17:3** ۋەھ. 27:21

18:3 **«...شىتتىم جىلغىسىنى سۇغىرىدۇ»** ــ «شىتتىم جىلغىسى» يېرۇسالېمنىڭ شەرقىي تەرىپىدا بولۇپ، سۇلىرى ئىئوردان جىلغىسىغا چۈشىدۇ.

**18:3** ئام. 13:9

20 بىراق يەھۇدا مەڭگۈگە تۇرىدۇ،
يېرۇسالېم دەۋردىن-دەۋرگىچە قالىدۇ؛
21 ھەم مەن ئۇلارنى تۆككەن قانلارنىڭ پاكلاندۇرۇلمىغان گۇناھلىرىدىن
پاكلاندۇرىمەن؛
چۈنكى پەرۋەردىگار زىئوندا ماكانلاشقاندۇر.

# قوشۇمچە سۆز

## ئاخىرقى زاماندىكى ۋەقەلەرنىڭ تەرتىپى

پەيغەمبەر ئارقىلىق بولغان بېشارەتلەرنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، يوئېل ئېيتقان «ئاخىرقى زامان»دىكى مۇھىم ۋەقەلەر تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەن كىتابنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، ئۆزى بىر خۇلاسىگە كەلسۇن.

(1) خۇدانىڭ روھى بارلىق ئەت ئىگىلىرىگە (دېمەك، ھەرقايسى مىللەت-خەلقلەرگە، ھەرقانداق ئىنسانلارغا) قۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ سۆزلىرى پەقەت بىر پەيغەمبەر ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى كۆپ «يىگىت-قىزلار، قېرىلار، قۇل-دېدەكلەر» ئارقىلىق، ھەرخىل غايىبانە ئالامەت، چۈش، بېشارەتلىك سۆز قاتارلىقلار بىلەن ئايان قىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، شۇنداق بولغاندا، بارلىق ئىنسان خۇدانىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ (2:28-29).

(2) ئىسرائىل، يەنى يەھۇدىيلار پۈتكۈل دۇنياغا تارقىتىلىدۇ (3:1-2). يوئېل بۇ ئىشنىڭ قانداق، نېمىشقا ياكى قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى دېمەيدۇ. بىراق ئىسرائىل ئۆزلىرىنىڭ «بارلىق ئەللەر ئارىسىغا تارقىتىلىش»ىدىن ئىبارەت بولغان كۈلپەتنى، مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بولغان ئەھدىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى «تەربىيىلىك جازا»سى دەپ بىلدى.

(3) ئىسرائىل يەنە ئۆز زېمىنىغا، يەنى قانائان (پەلەستىن)غا قايتىپ جەم بولىدۇ. يوئېل يەنە بۇنىڭ قانداق، نېمىشقا ياكى قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى دېمەيدۇ.
خۇدانىڭ روھىنىڭ قۇيۇلۇشى (1-ۋەقە) دەل قايسى پەيتتە، 2-ۋەقەدىن ئاۋۋال ياكى 2-ۋەقەدىن كېيىن، ياكى 3-ۋەقەدىن ئاۋۋال ياكى 3-ۋەقەدىن كېيىن يۈز بېرىدىغانلىقىنى «يوئېل پەيغەمبەر» كىتابىنىڭ ئۆزىدىن ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ (باشقا پەيغەمبەرنىڭ كىتابلىرىدا بۇ توغرۇلۇق سۆز بار).

(4) ئاسماندا ھەرخىل كارامەت-بېشارەتلەر پەيدا بولىدۇ (30:2).

(5) ئىسرائىلغا قارشى ھەم خۇدا بىلەن قارشىلىشىدىغان، ھەممە ئەلدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇن جەڭ قىلىشقا يىغىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق بىسات-تەئەللۇقاتلىرى جەڭگە سېلىنىدۇ. ئۇلار «ساپان چىشلىرىنى قىلىچ قىلىپ، ئورغاقلىرىنى نەيزە قىلىپ سوقۇشىدۇ»؛ ھەتتا «ئاجىز ئادەملەر»مۇ ئۆزىنى «كۈچلۈك» دەپ ئېلان قىلىپ قاتنىشىشى زۆرۈر بولىدۇ (10:3).
قوشۇن تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ-قۇدرەت بىلەن قوراللىنىدۇ - بىراق بۇ كۈچ خۇدادىن ئەمەس، بەلكى جىن-شەيتانلاردىن كېلىدۇ. ئۇلار زور ۋەيرانچىلىق قىلىدۇ. خۇدا «چېكەتكە قوشۇنى»نى «مېنىڭ قوشۇنۇم» دېگىنىدەك، بۇ قوشۇننىمۇ «مېنىڭ قوشۇنۇم» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، خۇدا «چېكەتكە قوشۇنى»نى ئىشلەتكەنگە ئوخشاش، ئۇ بۇ (رەزىل) قوشۇننىمۇ ئىشلىتىپ ئۆز خەلقىنى تۇۋىغا كەلتۈرىدۇ (2:1-11).

(6) دۈشمەن قوشۇنى يېرۇسالېمغا يېقىن بولغان جىلغىدا («يەھوشافات» دەپ ئاتالغان، يەنى «پەرۋەردىگار سوراق قىلىدۇ» دېگەن مەنىدە) يىغىلغاندىن كېيىن، خۇدانىڭ خەلقى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا نىدا كۆتۈرىدۇ (2-باب، 20-ئايەتتە ئېيتىلغاندەك) ھەم خۇدا ئۆزىنىڭ پەرىشتىلەردىن تەركىب تاپقان زور كۈچلۈك «ساماۋى قوشۇنى»نى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

(7) قۇياش، ئاي ھەم يۇلتۇزلار قاراڭغۇلىشىدۇ (10:2، 31، 15:3)

(8) كۆپ ئادەملەرگە نىسبەتەن بۇ پەيت بەلكىم توۋا قىلىپ خۇدانىڭ يېنىغا قايتىشقا ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت بولىدۇ. شۇڭا بۇ جىلغا «قارار جىلغىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (14:3). خۇدا ۋەدە بېرىدۇكى، «پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ» (32:2)!

(9) جىن-شەيتانلار قۇۋۋەتلىگەن دۈشمەن قوشۇنى بىتچىت قىلىنىدۇ (2:10، 3:15).

(10) ئىسرائىل زېمىنى ئىنتايىن مول ئاۋاتلىققا قايتۇرۇلىدۇ. مىسىر ھەم ئېدوملارنىڭ ئىككى زېمىنى ئەكسىچە ۋەيران قىلىنىدۇ (تەۋراتتىكى «ئەزاكىيال پەيغەمبەر» 29-باب، 12-ئايەتتە مىسىرنى باسقان ۋەيرانچىلىق قىرىق يىللىق بولىدۇ، دەپ ئېيتىلىدۇ). ئېدومدا بولغان ۋەيرانلىق دائىم بولىدۇ. يېرۇسالېمدىن شەرققە ھەم غەربكە ئاقىدىغان يېڭى بىر دەريا پەيدا بولىدۇ (تەۋراتتىكى «زەكەرىيا پەيغەمبەر» 14-باب، 8-ئايەت، «ئەزاكىيال پەيغەمبەر» 47-باب، 1-12-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

(11) خۇدا يېرۇسالېم ھەم زىئون تېغىنى ئالاھىدە ماكان تۇتىدۇ (3:21).

يوئېل پەيغەمبەر ئۆز خەلقىگە: «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى يېقىن» دەپ ئېيتقان. كىتاب يېزىلغان ۋاقىتتا، يەنى بۈنىڭدىن 2700 يىل ئىلگىرى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» «يېقىن» بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ يېقىن بولمامدۇ؟ رەب مەسىھ ئەيسا مىلادىيە 33-يىلىدا ئۆلدى. رىملىقلار، يەھۇدىيلار ھەم شەيتاننىڭ ئۆزى بۇ ئىشنى ئۇنىڭ تۇگەشكەنلىكى، بەربات بولغانلىقى دەپ ئويلىدى. بىراق خۇدا ئەيسانى دەرۋەقە ئۆزى ئەۋەتكەن «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ»ى ھەم ئوغلى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى گۇناھلارنى يۇيىدىغان بىردىنبىر قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى دۇنياغا ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۇرۇپ، ئەرشكە كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. مەسىھ ئەيسا قايتا تىرىلىپ 50 كۈن كېيىن ئاشۇ يەردىن (ئاسماندىن) خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈستىگە قۇيۇپ بەردى ھەم ئۇلار ئارقىلىق كۆپ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى. ئوقۇرمەن بۇ ئىشلارنى ئۆزى ئىنجىل، «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن قىسمىدىن ئوقۇيالايدۇ. شۇ قىسمىدىن (2-بابتىن) يەنە بايقيالايمىزكى، مۇقەددەس روھ قۇيۇلۇپ، بىر يۈز يىگىرمە ئېتىقادچى بېشارەتلىك سۆز قىلغىنىدا، روسۇل پېترۇس ئورنىدىن تۇرۇپ، خەلققە: بۇ ئىشلار يوئېل

پەيغەمبەر بېشارەت بەرگەن ئىشلارنىڭ باشلىنىشى، دەپ جاكارلىدى. شۇڭا بۇ مۆجىزىلەر دەرۋەقە خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسانى «رەب ھەم قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» قىلىپ تىكلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دەيدۇ.

ئەمدى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»گە يېتىپ بارىدىغان «ئاخىرقى كۈنلەر» شۇنداق باشلانغان بولدى. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز خۇدا ھەم مۇقەددەس پەرىشتىلىرى ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزىڭىزنىڭ ھېسابىنى بېرىشكە تەييارمۇسىز؟ مۇقەددەس كىتابتا ئادەملەرنى قۇتقۇزىدىغان ئالاھىدە بىر نام بىزگە بېرىلىدۇ. قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن بىز بۇ نامنى چاقىرىشىمىز كېرەك. بۇ نام ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدىن ئىبارەتتۇر. ئىنجىل «روس.» 2:17-21، 36-ئايەتنى كۆرۈڭ. ئوقۇرمەنلەر ئىنجىلدىكى «ئەيسا» («يەشئۇا») دېگەن ئىسمىنىڭ «پەرۋەردىگار قۇتقۇزغۇچى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ («مات.» 21:1). ئۇ ھازىر خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا سىزنىڭ نىجات-قۇتقۇزۇشقا بولغان دۇئا-تىلاۋىتىڭىزنى ئاڭلاشنى كۈتىدۇ. «پەرۋەردىگارنى ئۆزىنى تاپقۇزماقچى بولغان پەيتتە ئىزدەڭلار؛ ئۇ يېقىن تۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا نىدا قىلىڭلار!» («يەش.» 6:55)

«پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ» («يوئېل» 32:2).

## تەۋرات 30-قىسىم

# «ئاموس»

## (ئاموس پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### پەيغەمبەر توغرىسىدا

ئاموس پەيغەمبەرنىڭ جەمەتى توغرۇلۇق بىزدە تولۇق مەلۇمات يوق. ئۇ يەھۇدانىڭ «تەكوئا» دېگەن كىچىك بىر يېزىسىدا كالا باققۇچى ھەم «ئېرەن دەرەخلىرىنىڭ مېۋىسىنى تەرگۈچى» بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق «مەن ئەسلى پەيغەمبەر ئەمەس ئىدىم»، شۇنداقلا «پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئەمەسمەن» دەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئىسرائىل ياكى يەھۇدادا «پەيغەمبەر» بولۇشقا ھەۋەس قىلىپ، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، باشقىلارنى ئالداپ ئۆزىنى «پەيغەمبەر» دەپ جاكارلىغان «تەسىرى چوڭ، ھەيۋىسى بار» بولغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. بىراق ئاموس مۇشۇنداق كىشىلەردىن ئەمەستۇر. ئۇ خۇدا تەرىپىدىن ئۆز يۇرتى يەھۇدادىن ئايرىلىپ شىمالىي پادىشاھلىق «ئىسرائىل»دا پەيغەمبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەشكە چاقىرىلغان (7:14-15). ئۇ چاغلاردا ئىسرائىل يەھۇداغا قارىغاندا تېخىمۇ بۇتپەرەس بولۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئاموسنىڭ بۇ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر ھەم خەتەرلىك ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ خىزمەت ئىشلىگەن مەزگىلدە (قانچە يىل ئىشلىگىنى بىزگە نامەلۇم)، ئۇنىڭ «توۋا قىلىشىڭلار كېرەك!» دەپ يەتكۈزگەن خەۋەرلىرى ئىسرائىلنىڭ كۆپلىگەن پۇقرالىرىنىڭ قەلبىنى ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالدى. شۈبھىسىزكى، ئاموس پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى توۋا قىلىش يولىغا كىرگۈزگەنىدى (7:10نى كۆرۈڭ).

ئاموس پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىلغا بولغان چوڭقۇر كۆيۈمى ۋە ئۇلارغا ئىچنى ئاغرىتىشلىرى ئۇنىڭ ئىسرائىلغا بولغان دۇئاسىدا كۆرۈلىدۇ (7:1-5).
ئۇ شىمالىي پادىشاھلىق ئىسرائىلدا بىر مەزگىل ھوشىيا پەيغەمبەر بىلەن تەڭ بىر ۋاقىتتا پەيغەمبەرلىك خىزمىتىنى قىلغان؛ شۇ ۋاقىتلاردا يەشايا بىلەن مىكاھ جەنۇبىي پادىشاھلىقتا (يەھۇدادا) پەيغەمبەرلىك قىلىۋاتاتتى.

## يېزىلغان ۋاقىت

مەزكۇر كىتابتىكى ئاموسنىڭ ئۆزى يازغان كىرىش سۆزگە ئاساسلانغاندا، ئۇ «ئۇززىيا يەھۇداغا، يوئاشنىڭ ئوغلى يەروبوئام ئىسرائىلغا پادىشاھ بولغان ۋاقىتلاردا» بېشارەت بەرگەن. ئەمدى بۇ مەزگىل ئۇززىيا ۋە يەروبوئامنىڭ دەۋر سۈرگەن ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، بۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 793-750-يىللىرى، ياكى بولمىسا 762-750-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇ پەيغەمبەرلىك خىزمىتىنى ھوشىيا پەيغەمبەردىن بالدۇر باشلىغان، ھەم ئۇنىڭدىن بالدۇر ئادا قىلغان بولىدۇ.

## كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

(«مىكاھ پەيغەمبەر» دېگەن كىتابنىڭ «كىرىش سۆزى»دىن ئېلىندى):-
مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 922-يىلى سۇلايمان پادىشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەھۇدا ۋە ئىسرائىل ئىككى پادىشاھلىق بولۇپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. تەۋرات «2تار.» 10-بابتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «شۇ تەرىقىدە ئىسرائىل داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن (يەنى، يەھۇدا قەبىلىسىدىن) يۈز ئۆرۈپ، بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ كەلدى».
شۇ ۋاقىتتىن كېيىن، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى، ئىسرائىل ۋە يەھۇدا ھەر ئىككىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ئىدى.
ئىككى پايتەخت - يېرۇسالېم ۋە سامارىيە زور باياشاتلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىغانىدى. بىراق بۇ باياشاتلىقتا ئېغىر بەدەل تۆلەنگەنىدى - ئۇ بولسىمۇ،

كەمبەغەللەرنى دەھشەتلىك قىستاقتا سىلىپ ئۆلاردىن رەھىمسىز پايدىلىنىشتۇر: «بايلار تېخىمۇ بېيىپ كېتىۋاتقان، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىۋاتقان» ئىدى.

خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قانۇنلىرىدا «نامرات»، «تۇل خوتۇن»، «يېتىم-يېسىر» ۋە «يات مۇساپىر»لارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا خېلى كۆپ ماددىلار بار ئىدى. ھەر يەتتە يىلدا، قەرزنى بىكار قىلىش، ئۆزنى قۇللۇققا سېتىۋەتكەنلەرنى ھۆرلۈككە قايتۇرۇش كېرەك ئىدى؛ ھەر ئەللىك يىلدا («ئازادلىق يىلى» ياكى «بۇرغا (چېلىش) يىلى»دا) بارلىق قەرزلەرنى بىكار قىلىش ۋە يەر-زېمىننى ئۆز ئىگىسىگە ياكى ئائىلىسىدىكىلەرگە قايتۇرۇش كېرەك ئىدى. ھەر يىلى ھوسۇلنىڭ «تۇنجى ئاشلىق»ى ياكى «تۇنجى مېۋىلىرى»دىن ئايرىپ ئېلىپ، ئىبادەت خىزمىتىدە بولغان كاھىنلار ھەم لاۋىي قەبىلىسىدىكىلەرگە، ئاندىن كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى؛ ھوسۇل ئالغاندا (مەيلى ئېتىز ياكى ئۈزۈمزاردىن بولسۇن) پەقەت بىر قېتىملا «يىغىۋېلىش»قا بولاتتى. مۇشۇ يىغىۋېلىشتىن كېيىن قېلىپ قالغان ياكى كېيىن پىشقان زىرائەتلەر ياكى مېۋىلەرنى كەمبەغەللەرنىڭ يىغىۋېلىشىغا قالدۇرۇش كېرەك ئىدى؛ ھەر ئۈچ يىلدا، خەلقنىڭ بارلىق كىرىملىرىنىڭ ۋە ئالغان ھوسۇللىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئايرىپ كەمبەغەللەرگە تارقىتىشى كېرەك ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە، مۇقەددەس قانۇندىكى: «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ، پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن» ۋە «ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك قوشناڭنى سۆيگىن» دېگەن ئىككى «بۈيۈك پەرمان» بار ئىدى. سۇلايمان پادىشاھ ئۆزىنىڭ بىر نەسىھىتى بىلەن دىققىتىمىزنى بۇ ئىككى پەرماننى ئايرىۋەتمەسلىك ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ: «مىسكىننى بوزەك قىلغۇچى ــ پەرۋەردىگارغا ھاقارەت قىلغۇچىدۇر؛ ھاجەتمەنلەرگە شاپائەت قىلىش ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر» («پەند.» 31:14).

بىراق، ھۆكۈمدارلار، كاھىنلار ۋە خەلقنىڭ زور بىر قىسمى بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزگە ئىلمايلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئالدامچىلىق قىلىش، ئويۇنچۇق بۇلاڭچىلىق، زىناخورلۇق، سوت سورۇنلىرىدا پارا يېيىشتەك يامان ئىللەتلەر پەيدا قىلغانىدى. خۇدانىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئەيىبلىشى كېرەك بولغان كاھىنلار ۋە «پەيغەمبەرلەر» «سۈكۈت ئارقىلىق

قوشۇلۇشنى بىلدۈرگەن» ياكى ئۇنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللىغانىدى. ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، سامارىيە (ئىسرائىل) كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن دىندار بىر خەلققە ئوخشايتتى. بىز تەۋراتتىكى «ئاموس پەيغەمبەر» ۋە «ھوشىيا پەيغەمبەر» دېگەن قىسىملاردىن ئۇلارنىڭ سادىقلىق بىلەن تاۋاپگاھلار (بەيت-ئەل، گىلگال ۋە بەئەر-شېبا)غا «ھەج» قىلىدىغانلىقىنى، قۇربانلىقلارنى قىلىشقا ئامراقلىقىنى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ «دەبدەبىلىك»لىكىنى بىلىمىز. تەۋراتتىكى «يەشايا پەيغەمبەر» دېگەن قىسىمدىن ئۇلارنىڭ «تائەت-ئىبادەت»لىرىگە قوشۇلغان يېقىملىق ياكى مۇڭلۇق مۇزىكا-ناخشىلىرى توغرۇلۇق بىلىمىز. بىراق ھەممىسى خۇدانىڭ نەزىرىدە رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراقلاشقان، يىرگىنچلىك پاسىقلىق، خالاس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇتپەرەسلىك بىلەن ئارىلاشقانىدى.

خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قانۇندا ئۆزىگە قۇربانلىق قىلىشنىڭ پەقەت بىر جايدىلا بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. ئاۋۋال بۇ جاي شىلوھ شەھىرى ئىدى، كېيىن بۇ جاي يېرۇسالېم بولدى. ئۇ تاغلار ياكى دۆڭلەر بولغان «يۇقىرى جايلار» ئۇستىگە ئۆزىگە قۇربانلىق قىلىش ئىبادىتى ئۈچۈن قۇربانگاھلارنى قۇرۇشنى قەتئىي مەنئى قىلغانىدى. بىراق خېلى بالدۇرلا كىشىلەر (شۈبھىسىزكى، ئەسلىدە ياخشى نىيەت بىلەن) مۇشۇنداق قۇربانگاھلارنى يۇقىرى جايلاردا قۇرۇشقا باشلىغان؛ ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇتپەرەسلىك جايلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن؛ بەزى بۇتقا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرى ھەتتا «پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا» ئۆتكۈزۈلەتتى. «بائال»لار دېگەن بۇتلارغا چوقۇنغاندا، ھەرخىل شەھۋانىي گۇناھلار شۇ «ئىبادەت»نىڭ بىر قىسمى بولغان؛ ئىشلار ھەتتا بەزىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەھشەتلىك ھالدىكى «ئىنسانلىنى قۇربانلىق قىلىش»قا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

مانا بۇلار ئاموس پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدۇر. ئۇنىڭ بۇنداق گۇناھلارنى ئەيىبلەيدىغان بېشارەتلىرى ۋە كۈچلۈك تەلىملىرى ئاخىرىدا ئۆزىگە كۈچلۈك دۈشمەنلەرنى پەيدا قىلغان، بىراق ئۇ ئېغىر يالغۇزلۇق تارتقان بولسىمۇ، ۋەزىپىسىدىن يانمىدى. ئۇنىڭ كىتابىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ جاسارەتلىكىگە ئىسپات بولىدۇ؛ شۈبھىزىسىزكى، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنى خۇدانىڭ ئېيتقانلىرى دەپ بىلگەنلەر ئۇلارنى خاتىرلەپ ئۇنى بىزگىچە ساقلىدى.

## كىتابنىڭ تېمىسى

ئاموس بېشارەتلەرنى ئىسرائىلنىڭ قوشنا ئەللىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۆز يۇرتى يەھۇدانىڭ گۇناھلىرىنى كۆرستىش بىلەن باشلايدۇ (16:2-2:1). ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى، شۈبھىسىزكى، ئىسرائىلدىكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەستايىدىل دىققىتىگە ۋە ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئاندىن ئۇ ئىسرائىللارنىڭ دىققىتىنى ئۆز گۇناھلىرىغا قارىتىپ، مۇشۇ تېمىنى چۆرىدەپ بېشارەت بېرىدۇ.

ئاموس «يۇقىرى جايلار»دا قۇربانگاھلارنى قۇرۇش ياكى ھەتتا تاۋاپكاھلارنىمۇ بەرپا قىلىش قاتارلىق گۇناھلارنى ئەيىبلەشكە ئانچە كۆچىمەيدۇ. چۈنكى بۇلار ئالللىبۇرۇن ئىككىنچى مەسىلە بولۇپ قالغانىدى؛ ئىسرائىلنىڭ خۇدادىن يىراقلاشقانلىقىغا بولغان ئىسپات ئۇلارنىڭ مۇشۇ «يۇقىرى جايلار»دا ۋە تاۋاپكاھلاردا يۈرگۈزگەن بۇتپەرەسلىكىدىن، ئۇلارنىڭ كەمبەغەللەرگە بولغان زۇلۇمخور مۇئامىلىسىدىن ۋە شەھۋانىيەتچىلىكىدىن تېپىلىدۇ. ئاموس بەگ-ئەمىرلەرنىڭ ۋە كاھىنلارنىڭ ئاددىي پۇقرالار ئاچ-يالىڭاچلىقتا قالغان ۋاقىتلاردا ئۆتكۈزگەن ھەشەمەتلىك تۇرمۇشلىرىغا تەنبىھ بېرىدۇ. بىزگە ۋە ئاموسنىڭ ئۆزىگە ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار بۇ ئادالەتسىزلىكلەرنى ھەرتەرەپتە ئاپئاشكارا يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا ئىنتايىن «دىندار»، ھەتتا ئەسەبىي دەرىجىدىكى دىندارلار ئىدى. ئاموسنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى بولسا، ئۇلار توۋا قىلمىسا ئۆزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دىنى ئەخلەت دۆۋىسىدەك سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ساناقسىز قۇربانلىقلىرى ۋە تۈگىمەس دىنىي پائالىيەتلىرىگە قارىتىلغان ئەڭ مەشھۇر بېشارىتى مۇنداق: —

«چۈنكى سىلەر ماڭا «كۆيدۈرمە قۇربانلىق»لار ھەم «ئاش ھەدىيە»لىرىڭلارنى سۇنۇپ ئاتىساڭلارمۇ،
مەن ئۇلارنى قوبۇل قىلمايمەن؛
سىلەرنىڭ بورداق ماللىرىڭلاردىن بولغان «ئىناقلىق قۇربانلىقلىرىڭلار»غا قارىمايمەن.
مەندىن مۇناجاتلىرىڭلارنىڭ سادالىرىنى ئېپكېتىڭلار،
چىلتارلىرىڭلارنىڭ كۈيلىرىنى ئاڭلىمايمەن؛

بۇنىڭ ئورنىدا ئادالەت شارقىراتمىدەك،
ھەققانىيلىق ئەبەدىي ئاقىدىغان ئېقىمدەك دولقۇنلىسۇن!»
(24-22:5)

ئاموس ئۇلارغا خۇدانىڭ جازالىرىنىڭ ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ بىراق ئۇلار بۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا بەك سۇسلۇق قىلىدۇ. ئۇ بېشارەتلىرىدە، ئۇلارغا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق يەر تەۋرەشنى ئالاھىدە ئالدىنئالا ئېيتقان (1:1، 8:8، 1:9)؛ بۇ يەر تەۋرەش 300 يىلغىچە ئۇنتۇپ كېتىلمىگەندى («زەك.» 5:14). خەلق توۋا قىلمىسا، ئۇنداقتا ئۇلار «دەمەشق شەھىرىدىن يىراق»قا، يەنى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن بولىدۇ (27:5).
ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» توغرۇلۇق: ــ «شۇ كۈنى باشقا «بۇتپەرەس ئەللەر» خۇدانىڭ قاتتىق جازاسىغا دۇچ كېلىدۇ، بىراق «ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى، شۇنىڭدەك خۇدانىڭ ئامراق خەلقى بولغان بىزلەر» يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىمىز» ــ دېگەن مىللەتچى، ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدىغان قاراشنى بىراقلا يوققا چىقىرىدۇ (20-18:5).
ئۇنىڭ «يەككە-يېگانە بىر ئوغۇلنىڭ ماتىمى» (10:8)، «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا بولغان قەھەتچىلىك» (14-11:8) ۋە «داۋۇتنىڭ يىقىلغان كەپىسىنى يېڭىباشتىن تىكلەش» (ئىسرائىلنىڭ ئۆز يۇرتىغا، خۇدانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى: 15-11:9) توغرىسىدىكى ئالاھىدە بېشارەتلىرى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

## مەزمۇن: ــ

(1) كىرىش سۆز؛ تېما (2-1:1)
(2) خۇدانىڭ ئەللەر ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان جازالىرى (16:2-3:1)
(3) ئىسرائىلنىڭ گۇناھلىرى ۋە كېلىدىغان جازالار توغرۇلۇق بەش خەۋەر (1:3-14:6)
(4) ئاموس كۆرگەن ئالامەت كۆرۈنۈشلەر (15:9-1:7)

# ئاموس

## ئاموس پەيغەمبەرنىڭ بېشارەتلىرى

1 [1] ئۇززىيا يەھۇداغا، يوئاشنىڭ ئوغلى يەروبوئام ئىسرائىلغا
پادىشاھ بولغان ۋاقىتلاردا، يەر تەۋرەشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى،
تەكوئادىكى چارۋىچىلار ئارىسىدىكى ئاموسنىڭ ئىسرائىل توغرۇلۇق
ئېيتقان سۆزلىرى: ــ
[2] ئۇ: «پەرۋەردىگار زىئون تېغىدىن ھۆركىرەيدۇ،
يېرۇسالېمدىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىدۇ؛
پادىچىلارنىڭ ئوتلاقلىرى ماتەم تۇتىدۇ،
كارمەل چوققىسى غازاڭلىشىدۇ» ــ دېدى.

## خۇدانىڭ ئىسرائىلغا قوشنا قوۋملار ئۈستىدىن ھۆكۈمى سۈرىيە ھەققىدە

[3] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«دەمەشقنىڭ ئۈچ گۇناھى، بەرھەق تۆت گۇناھى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا
چۈشىدىغان جازانى ياندۇرمايمەن،
چۈنكى ئۇلار گىلېئادتىكىلەرنى تۆمۈر تىرنىلىق سۆرەملەر بىلەن

---

1:1 «ئاموسنىڭ ئىسرائىل توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى» ــ ئادەتتە بۇ كىتابتا «ئىسرائىل» ئىسرائىلنىڭ «شىمالىي پادىشاھلىقى»نى كۆرسىتىدۇ. ئاموس يەھۇدانىڭ تەكوئا يېزىسىدىن بولغىنى بىلەن يەتكۈزىدىغان بېشارەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «شىمالىي پادىشاھلىق» توغرۇلۇقتۇر.

**1:1** زەك. 5:14

2:1 «پەرۋەردىگار زىئون تېغىدىن ھۆركىرەيدۇ، يېرۇسالېمدىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىدۇ» ــ بۇ بېشارەت يەر تەۋرەشنى كۆرسەتسە كېرەك.
—«كارمەل» بولسا ئىسرائىلدا ھۆل-يېغىن ئەڭ كۆپ بولىدىغان جاي؛ ئۇ «غازاڭلاشقان» بولسا، باشقا جايلار تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى.

**2:1** يەر. 30:25؛ يو. 16:3

سوققانـدى؛

4 شۇنداقلا هازائەلـنـىڭ ئۆيـىـگە بـىـر ئـوت ئـەۋەتـىـمـەن،

ئۇ بـەن-هـادادنـىـڭ ئـوردىـلـىـرىـنـى يـۇتـۇۋالـىـدۇ.

5 دەمـەشـق دەرۋازىـسـىـدىـكـى تـۆمـۈر بـالـداقـنـى سـۇنـدۇرۇۋېـتـىـمـەن،

ئـاۋەن جـىـلـغـىـسـىـدا تـۇرغـۇچـىـنـى، بـەيـت-ئـېـدەنـدە شـاهـانـە هـاسـىـسـىـنـى تـۇتـقـۇچـىـنـى ئـۈزۈپ تـاشـلايـمـەن؛

سـۇرىـيـەنـىـڭ خـەلـقـى ئـەسـىـرگـە چـۈشـۈپ كـىـرغـا ئـېـلـىـپ كـېـتـىـلـىـدۇ، ــ دەيـدۇ پـەرۋەردىـگـار.

## فىلىستىيە هەققىدە

6 پـەرۋەردىـگـار مـۇنـداق دەيـدۇ: ــ

«گـازا شـەهـىـرىـنـىـڭ ئـۈچ گـۇنـاهـى، بـەرهـەق تـۆت گـۇنـاهـى ئـۈچـۈن، ئـۇنـىـڭـغـا چـۈشـىـدىـغـان جـازانـى يـانـدۇرمـايـمـەن،

چـۈنـكـى ئـۇلار ئـېـدومـغـا تـاپـشـۇرۇپ بـېـرىـشـكـە، بـارلـىـق تـۇتـقـۇنـلارنـى ئـەسـىـر قـىـلـىـپ ئـېـلـىـپ كـەتـتـى.

---

3:1 **«ئۇلار سۇرىيەلىكلەر گىلېئادتىكىلەرنى تۆمۈر تىرنىلىق سۆرەملەر بىلەن سوققاندى»** ــ «2پاد.» 10:32-33، 13:3-5-ئايەتتە گىلېئادتىكىلەرنىڭ سۇرىيە تەرىپىدىن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى خاتىرىلەنگەن؛ مۇشۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنى شۇ بوزەك قىلىنىشنى كۆرسەتسە كېرەك.

4:1 **«هازائەل»** ــ دەمەشق پادىشاهى بولۇپ، «بەن-هاداد» ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى.

5:1 **«ئاۋەن جىلغىسىدا تۇرغۇچى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «رەزىللىك جىلغىسىدا ئولتۇرغۇچى» ــ دېمەك، يەنى دەمەشق پادىشاھىنى ئىپادىلەيدۇ. **«سۇرىيەنىڭ خەلقى ئەسىرگە چۈشۈپ كىرغا ئېلىپ كېتىلىدۇ»** ــ «كىر» مېسوپوتامىيە (هازىرقى ئىراق)دىكى بىر يۇرت. سۇرىيەلىكلەر ئەسلىدە شۇ جايدىن چىققاندى (9:7-ئايەتنى كۆرۈڭ).**«ئاۋەن جىلغىسىدا تۇرغۇچى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «رەزىللىك جىلغىسىدا ئولتۇرغۇچى» ــ دېمەك، يەنى دەمەشق پادىشاھىنى ئىپادىلەيدۇ.

**5:1** 2پاد. 16:9؛ يەش. 17:1-11؛ يەر. 49:23-27

6:1 **«چۈنكى ئۇلار ئېدومغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە، بارلىق تۇتقۇنلارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى»** ــ «تۇتقۇنلار» ئىسرائىلدىن ياكى يەھۇدادىن تۇتقۇن قىلىنغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا كېرەك. قارىغاندا گازانىڭ (يەنى فىلىستىيەلەرنىڭ) مەقسىتى ئىسرائىللاردىن ئۆچ ئېلىش ئىدى.

**6:1** 2تار. 21:16، 17؛ 28:18

7 ھەم مەن گازانىڭ سېپىلىغا ئوت ئەۋەتىمەن،
ئۇ ئۇنىڭ ئوردىلىرىنى يۇتۇۋالىدۇ؛
8 مەن ئاشدودتا تۇرغۇچىنى، ئاشكېلوندا شاھانە ھاسىنى تۇتقۇچىنى
ئۈزۈپ تاشلايمەن،
ئەكرون شەھىرىگە قارشى قول كۆتۈرىمەن؛
فىلىستىيلەرنىڭ قالدۇقى يوقىلىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار.

## تۇر شەھىرى ھەققىدە

9 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«تۇرنىڭ ئۈچ گۇناھى، بەرھەق تۆت گۇناھى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا
چۈشىدىغان جازانى ياندۇرمايمەن،
چۈنكى ئۇلار بارلىق تۇتقۇنلارنى ئېدومغا تاپشۇرۇۋەتتى،
شۇنداقلا قېرىنداشلىق ئەھدىسىنى ئېسىگە ئالمىدى.
10 ھەم مەن تۇرنىڭ سېپىلىغا ئوت ئەۋەتىمەن،
ئوت ئۇنىڭ ئوردىلىرىنى يۇتۇۋالىدۇ.

## ئېدوم ھەققىدە

11 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«ئېدومنىڭ ئۈچ گۇناھى، بەرھەق تۆت گۇناھى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا
چۈشىدىغان جازانى ياندۇرمايمەن،
چۈنكى ئۇ بارلىق رەھىم-شەپقەتنى تاشلىۋېتىپ،
قىلىچ بىلەن ئۆز قېرىندىشىنى قوغلىغان؛
ئۇ يىرىلغۇدەك غەزەپتە بولۇپ،

---

9:1 **«چۈنكى ئۇلار بارلىق تۇتقۇنلارنى ئېدومغا تاپشۇرۇۋەتتى، شۇنداقلا قېرىنداشلىق ئەھدىسىنى ئېسىگە ئالمىدى»** ــ بۇ «تۇتقۇنلار» بەلكىم يەنە ئىسرائىلدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «ئەھدە» ــ سۇلايمان پادىشاھ ئەسلى تۇرنىڭ پادىشاھى بىلەن ئەھدە تۈزگەنىدى. بىراق تۇتقۇنلارنىڭ نەدىن كېلىشى، تۇرنىڭ كىم بىلەن ئەھدە تۈزگەنلىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس؛ مۇھىمى، خۇدا ئۇلارنى ۋەدىسىدە تۇرماسلىقتەك ۋىجدانسىزلىقى ئۈچۈن جازالايدۇ.

دەرغەزەپتە بولغان ھالىتىنى ھەمىشە ساقلايدۇ؛
12 ھەم مەن تېمان شەھىرىگە ئوت ئەۋەتىمەن،
ئوت بوزراھنىڭ ئوردىلىرىنى يۇتۇۋالىدۇ».

## ئاممونىيلار ھەققىدە

13 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«ئاممونىنىڭ ئۈچ گۇناھى، بەرھەق تۆت گۇناھى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا
چۈشىدىغان جازانى ياندۇرمايمەن،
چۈنكى ئۇلار چېگرىمىزنى كېڭەيتىمىز دەپ، گىلېئادتىكى ھامىلدار
ئاياللارنىڭ قورساقلىرىنى يېرىۋەتتى.
14 ھەم مەن رابباھنىڭ سېپىلىغا ئوت ياقىمەن،
جەڭ كۈنىدە قىيا-چىيالار ئىچىدە،
قارا قۇيۇننىڭ كۈنىدە قاتتىق بوران ئىچىدە،
ئوت ئۇنىڭ ئوردىلىرىنى يۇتۇۋالىدۇ؛
15 ھەم ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئەسىرگە چۈشىدۇ،
ئۇ ئەمىرلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## موئاب ھەققىدە

2 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«موئابنىڭ ئۈچ گۇناھى، بەرھەق تۆت گۇناھى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا

11:1 **«ئۇ يىرىلغۇدەك غەزەپتە بولۇپ،...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ غەزەپ بىلەن ھەمىشە ئادەملەرنى يىرتىۋېتىپ،...».
13:1 **«چۈنكى ئۇلار چېگرىمىزنى كېڭەيتىمىز دەپ، گىلېئادتىكى ھامىلدار ئاياللارنىڭ قورساقلىرىنى يېرىۋەتتى»** ــ ئۇلار گىلېئادتا تۇرۇۋاتقان باشقىلارنىمۇ ئۆلتۈرگەن، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇلارنىڭ بۇ ئاجايىب رەھىمسىزلىكىنىڭ مەقسىتى، ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بەرگۈدەك ھېچ ئادەم، ھەتتا بوۋاقلارنىڭمۇ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. بابىلنىڭ پادىشاھى نېبوقادنەسار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 582-يىلى رابباھ شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.
**14:1** جەر. 14:40؛ 7:48؛ ئەز. 2-5:25

چۈشەندۈرگەن جازانى ياندۇرمايمەن،
چۈنكى ئۇ ئېدومنىڭ پادىشاھىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى كۆيدۈرۈپ ھاك قىلىۋەتتى.
[2] ھەم مەن موئاب ئۈستىگە ئوت ئەۋەتىمەن،
ئوت كېرىئوتنىڭ ئوردىلىرىنى يۇتۇۋالىدۇ؛
ۋە موئاب چۇقان-سۈرەنلەر بىلەن، قىيا-چىيالار بىلەن، كاناي ساداسى بىلەن ئۆلىدۇ.
[3] ۋە مەن ئۇلارنىڭ ھاكىمىنى ئارىسىدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن،
ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## يەھۇدا ھەققىدە

[4] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«يەھۇدانىڭ ئۈچ گۇناھى، بەرھەق تۆت گۇناھى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەن جازانى ياندۇرمايمەن،
چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات-قانۇنىنى كەمسىتتى،
ئۇنىڭدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلمىدى؛
ئۇلارنىڭ ساختىلىقلىرى ئۇلارنى ئاداشتۇرۇپ قويدى؛ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ بۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغانىدى.
[5] ھەم مەن يەھۇدا ئۈستىگە ئوت ئەۋەتىمەن،
ئوت يېرۇسالېمنىڭ ئوردىلىرىنى يۇتۇۋالىدۇ.

## ئىسرائىل ھەققىدە

[6] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ئىسرائىلنىڭ ئۈچ گۇناھى، بەرھەق تۆت گۇناھى ئۈچۈن، ئۇنى جازاسىدىن قايتۇرمايمەن،

4:2 **«ئۇلارنىڭ ساختىلىقلىرى ئۇلارنى ئاداشتۇرۇپ قويدى»** ــ «ساختىلىقلىرى» كېيىنكى گەپلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ياسىغان بۇتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**چۈنكى ئۇلار ھەققانىيلارنى كۈمۈشكە سېتىۋەتتى،**
**يوقسۇل ئادەمنى بىر جۈپ چورۇققا سېتىۋەتتى؛**
**7 ئۇلار نامراتلارنىڭ بېشىدىكى چاڭ-توپىلىرىنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ،**
**ئاجىز مۆمىنلەرنىڭ نېسىۋىسىنى قايرىۋالىدۇ؛**
**ئاتا-بالا ئىككىسى مېنىڭ مۇقەددەس نامىمنى بۇلغاپ، ئوخشاش بىر قىزنىڭ يېنىغا تەڭ بارىدۇ.**
**8 ئۇلار قىزلارنى ھەممە قۇربانگاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ،**
**قەرزگە رەنىگە قويغان كىيىم-كېچەكلەر ئۈستىدە ئۇلار بىلەن ياتىدۇ؛**
**ئۇلار ئۆز ئىلاھىنىڭ ئۆيىدە جەرىمانە بىلەن ئالغان شارابنى ئىچمەكتە.**
**9 بىراق مەن ئامورىيلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ھالاك قىلغانمەن،**
**ئامورىيلار كېدىر دەرەخلىرىدەك ئېگىز، دۇب دەرەخلىرىدەك كۈچلۈك بولغان بولسىمۇ،**
**مەن ئۈستىدىن ئۇنىڭ مېۋىسىنى، ئاستىدىن يىلتىزلىرىنى ھالاك قىلدىم.**
**10 ھەم ئامورىيلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىشىڭلار ئۈچۈن،**
**سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ،**

---

7:2 **«ئاتا-بالا ئىككىسى مېنىڭ مۇقەددەس نامىمنى بۇلغاپ، ئوخشاش بىر قىزنىڭ يېنىغا تەڭ بارىدۇ»** — بۇ ئىش پاھىشىۋازلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ بۇتىغا، يەنى «بائال»غا بىرخىل چوقۇنۇش پائالىيىتى ھېسابلىناتتى.

8:2 **«ئۇلار قىزلارنى ھەممە قۇربانگاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، قەرزگە رەنىگە قويغان كىيىم-كېچەكلەر ئۈستىدە ئۇلار بىلەن ياتىدۇ؛ ئۇلار ئۆز ئىلاھىنىڭ ئۆيىدە جەرىمانە بىلەن ئالغان شارابنى ئىچمەكتە»** — بۇ جۈملىدە ئاموس ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ بايلارنىڭ تۆت گۇناھىنى كۆرسىتىدۇ: —

—(1) ئۇلارنىڭ (بۇتلارغا ئاتاپ بېغىشلىغان) كۆپ قۇربانلىقلىرى بار ئىدى؛ (2) ئۇلار مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزلىرىگە قەرزدار بولغان نامراتلاردىن كىيىم-كېچەكلىرىنى تارتىۋالىدۇ («مىس.» 26:22، «قان.» 12:24-17-نى كۆرۈڭ)؛ (3) ئۇلار بۇتخانىلارنى سېلىپ، بۇتلارنى ئۆزلىرىنىڭ خۇداسى دەپ ئېتىراپ قىلغان؛ (4) ئۇلار ھارام يولدا خەقتىن جەرىمانە ئالىدۇ — ئۇ گۇناھلار بەلكىم 6-ئايەتتە ئېيتىلغان «ئۈچ گۇناھى، تۆت گۇناھى»نى ئېنىق تولۇقلاپ كۆرسىتىپ بېرىشى مۇمكىن.

**9:2** چۆل. 24:21؛ قان. 31:2؛ يە. 8:24

قىرىق يىل چۆل-باياۋاندا يېتەكلىدىم.
11 سىلەرنىڭ ئوغۇللىرىڭلاردىن بەزىلىرىنى پەيغەمبەر بولۇشقا،
يىگىتلىرىڭلاردىن بەزىلىرىنى «نازارىي» بولۇشقا تۇرغۇزدۇم.
شۇنداق ئەمەسمۇ، ئى ئىسرائىل باللىرى؟ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
12 بىراق سىلەر نازارىيلارغا شاراب ئىچكۈزدۈڭلار،
ھەم پەيغەمبەرلەرگە: «پەيغەمبەرلىك قىلماڭلار» ــ دەپ بۇيرۇدۇڭلار.
13 مانا، مەن سىلەرنى باسىمەن،
خۇددى لىق ئۆنچە بېسىلغان ھارۋا يەرنى باسقاندەك، سىلەرنى بېسىپ تۇرىمەن؛
14 ھەم چاپقۇرلارنىڭمۇ قاچار يولى يوقايدۇ،
پالۋان ئۆز كۈچىنى ئىشلىتەلمەيدۇ،
زەبەردەس باتۇر ئۆز جېنىنى قۇتقۇزالمايدۇ.
15 ئوقيانى تۇتقۇچى تىك تۇرالمايدۇ؛
يەلتاپان قاچالمايدۇ،
ئاتقا مىنگۈچى ئۆز جېنىنى قۇتقۇزالمايدۇ.
16 پالۋانلار ئارىسىدىكى ئەڭ جىگەرلىك باتۇرمۇ شۇ كۈندە يالىڭاچ قېچىپ كېتىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## ھەربىر ئىشنىڭ سەۋەبى باردۇر

3 1 پەرۋەردىگار سىلەرنى ئەيىبلەپ ئېيتقان بۇ سۆز-كالامنى ئاڭلاڭلار،
ئى ئىسرائىل باللىرى،

---

**10:2 «سىلەرنى ... قىرىق يىل ... يېتەكلىدىم»** ــ «مىسىردىن چىقىش» ۋە «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» بويىچە ئۇلار چۆل-باياۋاندا كۆپ قېتىم خۇداغا ئىتائەتسىزلىك، ئاسىيلىقمۇ قىلغان. خۇدانىڭ شۇ كۈنلەردە ئۇلارنى تاشلىۋەتمىگەنلىكى ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئىنتايىن زور ئىسپات بەردى ۋە بېرىدۇ.

**10:2** مىس. 51:12

**11:2 «نازارىي»** ــ بۇ ئادەملەر ئالاھىدە يول بىلەن (جۈملىدىن شاراب ئىچمەي، چاچلىرىنى چۈشۈرمەي) ۋاقىتلىق ياكى ئۆمۈرۋايەت ئۆزىنى خۇداغا ئاتاپ بېغىشلىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى خەقلەرگە باقىي دۇنيانى ئەسلىتىپ تۇراتتى («چۆل.» 6-بابنى كۆرۈڭ).

**12:2** ئام. 12:7، 13

يەنى مەن مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىقارغان بۇ پۈتكۈل جەمەت: ــ
2 «يەر يۈزىدىكى بارلىق جەمەتلەر ئارىسىدىن پەقەت سىلەرنى تونۇپ
كەلدىم؛
شۇڭا ئۇستۇڭلارغا بارلىق قەبىھلىكلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى
چۈشۈرىمەن».

## خىتاب ھەم مۇھاكىمە

3 ئىككى كىشى بىر نىيەتتە بولمىسا، قانداقمۇ بىللە ماڭالىسۇن؟
4 ئولجىسى يوق شىر ئورماندا ھۆركىرەمدۇ؟
ئارسلان ھېچنېمىنى ئالمىغان بولسا ئۇۋىسىدا ھۇۋلامدۇ؟
5 تۇزاقتا يەمچۈك بولمىسا قۇش يەرگە يىقىلامدۇ؟
ئالغۇدەك نەرسە بولمىسا، قىسماق يەردىن ئېتىلىپ چىقامدۇ؟
6 شەھەردە ئاگاھ كانىيى چېلىنسا، خەلق قورقمامدۇ؟
پەرۋەردىگار قىلمىغان بولسا، شەھەرگە يامانلىق چۈشەمدۇ؟
7 رەب پەرۋەردىگار ئۆز قۇللىرى بولغان پەيغەمبەرلەرگە ئاۋۋال
ئاشكارىلىماي تۇرۇپ، ئۇ ھېچ ئىش قىلمايدۇ.

---

2:3 **«يەر يۈزىدىكى بارلىق جەمەتلەر ئارىسىدىن پەقەت سىلەرنى تونۇپ كەلدىم؛ شۇڭا ئۇستۇڭلارغا بارلىق قەبىھلىكلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى چۈشۈرىمەن»** ــ دېمەك، خۇدا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئالاھىدە ئىمتىيازلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە جاۋابكارلىقنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىدۇ.

4:3 **«ئولجىسى يوق شىر ئورماندا ھۆركىرەمدۇ؟ ئارسلان ھېچنېمىنى ئالمىغان بولسا ئۇۋىسىدا ھۇۋلامدۇ؟»** ــ شىرلار ئىككى ئەھۋالدا ھۆركىرەيدۇ. (1) نىشان قىلغان ئوۋنى قورقۇتۇپ قوزغۇتقەدەك قاتتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن؛ (2) ئوۋ-ئولجىنى ئالغاندىن كېيىن باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارغا: «بۇ مېنىڭكى، ئۇنىڭغا چېقىلما» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن. بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە بەلكىم بىرىنچى مۇمكىنچىلىكنى بىلدۈرىدۇ (8-ئايەتنى كۆرۈڭ). ھېچبولمىغاندا ئىسرائىلغا «ئاخىرقى دەقىقە»، يەنى توۋا قىلىشقا ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت كەلدى؛ توۋا قىلمىساڭلار پەرۋەردىگار شىردەك سىلەرنى ئۆز ئوۋى قىلىدۇ، دېگەنلىك بولسا كېرەك.

6:3 يەش. 7:45؛ يىغ. 37:3، 38

7:3 **«رەب پەرۋەردىگار ئۆز قۇللىرى بولغان پەيغەمبەرلەرگە ئاۋۋال ئاشكارىلىماي تۇرۇپ، ئۇ ھېچ ئىش قىلمايدۇ»** ــ بۇ ئايەت خۇدانىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر

8 شىر ھۆركىرىگەن تۇرسا، كىم قورقمايدۇ؟
رەب پەرۋەردىگار سۆز قىلغاندا، كىم ئۇنىڭ بېشارىتىنى يەتكۈزمەي
تۇرالايدۇ؟

## خۇدا ئىسرائىلنى قورشايدىغان دۈشمەن بولۇپ قالدى «ئۇ بۇرۇلۇپلا ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولدى» 9:3-16:4

9 ئاشدودتىكى قەلئە-ئوردىلاردا،
شۇنداقلا مىسىردىكى قەلئە-ئوردىلاردا ئېلان قىلىپ: ــ
«سامارىيە تاغلىرى ئۈستىدە يىغىلىڭلار،
ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زور قىيقاس-سۈرەنلەرنى،
ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەبىر-زۇلۇملارنى كۆرۈپ بېقىڭلار» ــ دەڭلار.
10 ــ ئۇلار ھەق ئىش قىلىشنى بىلمەيدۇ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
ئۇلار ئوردىلىرىغا زۇلۇم-زوراۋانلىق بىلەن تارتىۋالغانلىرىنى ھەم
ئولجىلارنى جۇغلىغۇچىلار!

---

پرىنسىپنى كۆرستىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا: ــ «رەب پەرۋەردىگار قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدا، ئۆز قۇللىرى بولغان پەيغەمبەرلەرگە ئالدى بىلەن بېشارەت بەرمەي قالمايدۇ».
8:3 **«شىر ھۆركىرىگەن تۇرسا، كىم قورقمايدۇ؟ رەب پەرۋەردىگار سۆز قىلغاندا، كىم ئۇنىڭ بېشارىتىنى يەتكۈزمەي تۇرالايدۇ؟»** ــ بۇ جۈملىگە قارىغاندا «شىر» تېخى ئوۋنى تۇتمىغان ئوخشايدۇ ــ تۇۋا قىلىشقا ئازراقلا ۋاقىت قالدى (4-ئايەتنى قايتا كۆرۈڭ).
9:3 **«ئاشدودتىكى قەلئە-ئوردىلاردا ... ئېلان قىلىپ: ــ «سامارىيە تاغلىرى ئۈستىدە يىغىلىڭلار، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زور قىيقاس-سۈرەنلەرنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەبىر-زۇلۇملارنى كۆرۈپ بېقىڭلار»** ــ بۇ سۆز بەلكىم ئۇنى ئاڭلىغان سامارىيەدىكى ھۆكۈمدارلارغا ھەم بايلارغا بەك ئېغىر كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. خۇدا قانداقمۇ ئاشدودتىكى «بۇتپەرەس، كاپىر» فىلىستىيلەرنى (ھەم مىسىرلىقلارنى) مۇشۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا قىلغان جەبىر-زۇلۇملىرىنى كۆرۈشكە، يۇرتنىڭ كۆتۈرگەن داد-پەريادلىرىنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلسۇن؟
ــ«قىيقاس-سۈرەنلەر» بولسا ئىككى بىسلىق سۆز ــ (1) يۇرتنىڭ داد-پەريادلىرىنى؛ (2) قورشىۋالغان دۈشمەنلەردىن قورقۇش تۈپەيلىدىن كۆتۈرۈلگەن قىيقاس-سۈرەنلەرنى بىلدۈرىدۇ (11-ئايەتنى كۆرۈڭ).
10:3 **«ئۇلار ئوردىلىرىغا زۇلۇم-زوراۋانلىق بىلەن تارتىۋالغانلىرىنى ھەم ئولجىلارنى جۇغلىغۇچىلار!»** ــ بۇ بەلكىم ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ: ــ (1) ھۆكۈمدارلار خەلقىنى بوزەك قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئولجا تويلىغان؛ (2) ئۇلار شۇنداق قىلغانلىقىدىن، بۇ بۇلىۋالغان ھارام ئولجىسى ئاخىرىدا ئۆز بېشىغا دۈشمەنلەرنىڭ زۇلۇملىرى، بۇلاڭچىلىقلىرى بولۇپ چۈشىدۇ.

11 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«مانا بىر ياۋ! ئۇ زېمىننى قورشىۋالدى!
ئۇ مۇداپىئەڭنى ئېلىپ تاشلايدۇ،
قەلئە-ئوردىلىرىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ.
12 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـــ پادىچى شىرنىڭ ئاغزىدىن قوينىڭ
ئىككى پۇتىنى ياكى قۇلىقىنىڭ بىر پارچىسىنى قۇتقۇزۇپ ئالغاندەك،
سامارىيىدە ئولتۇرغان ئىسرائىللارمۇ شۇنداق قۇتقۇزۇلىدۇ،
شەھەردە پەقەت كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكى،
دىۋاندىكى بىر پارچە دەمەشق لىباسلا قالىدۇ!
13 ــ ئاڭلاڭلار، ياقۇپنىڭ جەمەتىدە گۇۋاھلىق بېرىڭلار،
دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا،
14 ــ مەن ئىسرائىلنىڭ ئاسىيلىقلىرىنى ئۇز بېشىغا چۈشۈرگەن كۈنىدە،
بەيت-ئەل شەھىرىنىڭ قۇربانگاھلىرىنىمۇ جازالايمەن؛
قۇربانگاھنىڭ بۇرجەكلىرىدىكى مۈڭگۈزلەر كېسىۋېتىلىپ يەرگە چۈشۈرۈلىدۇ.

---

12:3 **«سامارىيىدە ئولتۇرغان ئىسرائىللارمۇ شۇنداق قۇتقۇزۇلىدۇ، ـــ شەھەردە پەقەت كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكى، دىۋاندىكى بىر پارچە دەمەشق لىباسلا قالىدۇ!»** ـــ مۇشۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ تەرجىمىلىرى ھەرخىل، بىراق ئومۇمىي مەنىسى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. سامارىيەدىكىلەرنىڭ ئۇڭدا يېتىپ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملىرىدىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمى قېلىپ قالىدۇ.

13:3 **«ئاڭلاڭلار، ياقۇپنىڭ جەمەتىدە گۇۋاھلىق بېرىڭلار،...»** ـــ بۇ خۇدانىڭ ھېلىقى تېخىچە «بۇتپەرەس، كاپىر» بولغان ئاشدودتىكىلەرگە قىلغان سۆزى.

14:3 **«بەيت-ئەل شەھىرىنىڭ قۇربانگاھلىرىنىمۇ جازالايمەن؛ قۇربانگاھنىڭ بۇرجەكلىرىدىكى مۈڭگۈزلەر كېسىۋېتىلىپ يەرگە چۈشۈرۈلىدۇ»** ـــ بېشارەتتىن 150 يىل ئىلگىرى «يەروبوئام I»، ئىسرائىل (شىمالىي پادىشاھلىق)نىڭ تۇنجى پادىشاھى بەيت-ئەل شەھىرىدە بىر كالىسىمان بۇتنى ياساپ، ئۇنى «پەرۋەردىگار خۇدايىمىز» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قۇربانلىق سۇپىسىنى (قۇربانگاھ) ياسىغان. ئاموسنىڭ سۆزىگە قارىغاندا بۇ قۇربانگاھنىڭ يېنىغا خېلى كۆپ قۇربانگاھلار قوشۇپ سېلىنغان. قۇربانگاھنىڭ ھەر تۆت بۇرجىكىگە بىر مۈڭگۈز بېكىتىلگەن.

[15] مەن «قىشلىق سارايى» ۋە «يازلىق سارايى»نى بىراقلا ئۆرۈۋېتىمەن؛
پىل چىشى ئۆيلەرمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ،
كۆپلىگەن ئۆيلەر تۈگىشىدۇ، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## سامارىيەدىكى ئاياللارغا ۋە پۈتكۈل ئاھالىگە بولغان ئاگاھلار

4 [1] ئى باشاندىكى ئىنەكلەر،
سامارىيە تېغىدا تۇرۇپ، نامراتلارنى خارلاۋاتقان، مىسكىنلەرنى ئېزىۋاتقانلار،
خوجىلىرىغا: «شارابنى ئېلىپ كېلىڭلار، بىز ئىچمىز» دەيدىغانلار،
بۇ سۆزنى ئاڭلاڭلار: ــ
[2] رەب پەرۋەردىگار ئۆز پاك-مۇقەددەسلىكى بىلەن قەسەم ئىچكەنكى،
مانا، بېشىڭلارغا شۇنداق كۈنلەر چۈشىدۇكى،
ئۇ سىلەرنى ئىلمەكلەر بىلەن،
نەسلىڭلارنى چاڭگاكلار بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ.
[3] ھەم سىلەر ئاياللار ھەربىرىڭلار سېپىلنىڭ شورالىرىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ،
ئۇدۇل مېڭىپ تىكىۋېتىسىلەر؛
ۋە سىلەر ھارمون تەرەپكە چۆرۈۋېتىلىسىلەر، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

---

15:3 «مەن «قىشلىق سارايى» ۋە «يازلىق سارايى»نى بىراقلا ئۆرۈۋېتىمەن» ــ «قىشلىق سارايى»، «يازلىق سارايى» پادىشاھ دەم ئالىدىغان جايلار بولسا كېرەك. «كۆپلىگەن ئۆيلەر» ــ قارىغاندا كۆپلىگەن ئادەملەر كەمبەغەل بولۇپ ماكانسىز قالغان. شۇ ۋاقىتلاردا، بايلار كۆپ ئۆيلەرنى سالغان.

1:4 «**باشاندىكى ئىنەكلەر**» ــ بۇ «ئىنەكلەر» سامارىيەدىكى بايلارنىڭ قىز-ئاياللىرىنى كۆرسىتىدۇ. باشان بولسا سېمىز، ساغلام كالىلىرى بىلەن داڭقى چىققان رايون.

2:4 «**مانا، بېشىڭلارغا شۇنداق كۈنلەر چۈشىدۇكى، ئۇ سىلەرنى ئىلمەكلەر بىلەن، نەسلىڭلارنى چاڭگاكلار بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ**» ــ سامارىيە خەلقى ئاخىرىدا ئاسۇرىيە پادىشاھىغا ئەسىرگە چۈشىدۇ؛ ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ ئەسىرلەرنىڭ كالپۇكلىرىدىن ئىلمەكنى ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى يېتەكلەيدىغان رەھىمسىز ئادىتى بار ئىدى.

3:4 «**ۋە ھارمون تەرەپكە چۆرۈۋېتىلىسىلەر**» ــ «ھارمون» بىزگە ھازىر نامەلۇم بىر شەھەر.

**4 ئەمدى بەيت-ئەلگە كېلىڭلار، ئاسىيلىق قىلىڭلار!**
**گىلگالدىمۇ ئاسىيلىقنى كۆپەيتىڭلار!**
**ئەتىگەندە قۇربانلىقلىرىڭلارنى،**
**هەر ئۈچىنچى كۈنى سىلەرنىڭ «ئوندىن بىر» ئۈلۈش ئۆشرىلىرىڭلارنى**
**ئېلىپ كېلىڭلار،**
**5 «تەشەككۈر قۇربانلىقى»نى خېمىرتۇرۇچ بىلەن بىللە كۆيدۈرۈڭلار —**
**سىلەر «خالىس قۇربانلىقلار»ىڭلارنى جاكارلاپ ماختىنىپ يۈرۈڭلار؛**
**چۈنكى بۇنداق قىلىشقا ئامراقسىلەر، ئى ئىسرائىللار! — دەيدۇ رەب**
**پەرۋەردىگار.**
**6 «مەن ھەممە شەھەرلىرىڭلاردا «چىشىنىڭ پاكىزلىقى»نى چۈشۈردۈم،**
**ھەممە يېرىڭلاردا سىلەرنى ئاش-نانغا بولغان ھاجەتمەن قىلدىم؛**
**بىراق سىلەر يەنىلا يېنىمغا قايتمىدىڭلار، — دەيدۇ پەرۋەردىگار؛**
**7 ھوسۇلغا ئۈچ ئايلا قالغان بولسىمۇ، سىلەردىن يامغۇرنى تارتىۋېلىپ**
**بەرمىدىم؛**

---

**4:4 «ئەمدى بەيت-ئەلگە كېلىڭلار، ئاسىيلىق قىلىڭلار! گىلگالدىمۇ ئاسىيلىقنى كۆپەيتىڭلار!»** — بېيت-ئەل ۋە گىلگال (شۇنداقلا شىمالىي تەرەپتە «دان» شەھىرى، جەنۇبىي تەرەپتە بەئەر-شېبا شەھىرى) خەلقلەر كۆپ زىيارەت قىلىدىغان بۇت تاۋاپگاھى ئىدى.

**4:4** ھوش. 12:12

**5:4 ««تەشەككۈر قۇربانلىقى»نى خېمىرتۇرۇچ بىلەن بىللە كۆيدۈرۈڭلار»** — قۇربانلىقلارنى خېمىرتۇرۇچ سالغان نەرسىلەر بىلەن بىللە سۇنۇشقا قەتئىي بولمايتتى («لاۋ.» 11:2). **«سىلەر «خالىس قۇربانلىقلار»ىڭلارنى جاكارلاپ ماختىنىپ يۈرۈڭلار؛ چۈنكى بۇنداق قىلىشقا ئامراقسىلەر، ئى ئىسرائىللار!»** — 4- ھەم 5-ئايەتتە ئېيتىلغان قۇربانلىقلار ھەمدە ھەر كىشىنىڭ كىرىمىدىن «ئوندىن بىرى»نى ھەر ئۈچ يىلدا خۇداغا ئاتاپ بېغىشلىشى، ئەسلىدە مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇندا بېكىتىلگەنىدى. بىراق ئىسرائىللار ھازىر بۇلارنى ئۆز بۇتلىرىغا ئاتاپ بېغىشلاۋاتىدۇ. ئەسلى خېمىرتۇرۇچ سېلىپ قىلىنغان ئاش ھەدىيەلەرنى قۇربانلىقلارغا قوشۇپ سۇنۇش مەنئى قىلىنغانىدى.
—بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا ئۇلار مۇشۇ پائالىيەتلەردە ئۆزلىرىنى خېلى «تەقۋادار» كۆرسەتمەكچى بولۇپ، «ئىختىيارىي قۇربانلىق»لارنى كۆپ قىلغان ئوخشايدۇ.

**5:4** لاۋ. 2:1، 15؛ 13:7

**6:4 «مەن ھەممە شەھەرلىرىڭلاردا «چىشىنىڭ پاكىزلىقى»نى چۈشۈردۈم»** — دېمەك ئۇلاردا يېگۈدەك نەرسە يوق.

بىر شەھەر ئۈستىگە يامغۇر ياغدۇردۇم،
يەنە بىر شەھەرگە ياغدۇرمىدىم؛
بىر پارچە يەر ئۈستىگە يامغۇر ياغدى؛
يەنە بىر پارچە يەر يامغۇرسىز قاغجىراپ قالدى؛
[8] شۇنىڭ بىلەن ئىككى، ئۈچ شەھەرنىڭ پۇقرالىرى سۇ تىلەپ باشقا
بىر شەھەرگە ئەلەڭشىپ باردى،
لېكىن قانمىدى؛
بىراق سىلەر يېنىمغا يەنىلا قايتمىدىڭلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
[9] مەن سىلەرنى جۇدۇن ھەم ھال ئاپىتى بىلەن ئۇردۇم؛
«غاجىلىغۇچى قۇرت»لار نۇرغۇنلىغان بېغىڭلار، ئۈزۈمزارلىرىڭلار،
ئەنجۈر دەرەخلىرىڭلار ھەم زەيتۇن دەرەخلىرىڭلارنى يەپ كەتتى؛
بىراق سىلەر يېنىمغا يەنىلا قايتمىدىڭلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
[10] مەن ئاراڭلارغا مىسىرغا چۈشۈرۈلگەن ئاپەتلەردەك ئاپەتنى ئەۋەتتىم؛
يىگىتلىرىڭلارنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرگۈزدۈم،
ئاتلىرىڭلارنى ئولجا بولۇشقا قويۇۋەتتىم؛
مەن قارارگاھىڭلاردىن جەسەتلەرنىڭ سېسىقچىلىقىنى پۇرۇتۇۋەتتىم،
ئۇنى دىمىغىڭلارغىمۇ كىرگۈزدۈم،
بىراق سىلەر يېنىمغا يەنىلا قايتمىدىڭلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
[11] مەن ئاراڭلاردىن بەزىلەرنى خۇدا سودوم ۋە گوموررا شەھەرلىرىنى
ئۆرۈۋەتكىنىدەك ئۆرۈۋەتتىم،
شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئوتتىن تارتىۋېلىنغان بىر چوغدەك

---

9:4 **«مەن سىلەرنى جۇدۇن ھەم ھال ئاپىتى بىلەن ئۇردۇم»** ــ «ھال ئاپىتى» زىرائەتلەرنىڭ بىرخىل كېسىلى.

**9:4** قان. 22:28؛ يو. 4:1

10:4 **«مەن ئاراڭلارغا مىسىرغا چۈشۈرۈلگەن ئاپەتلەردەك ئاپەتنى ئەۋەتتىم»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «مەن (ئەسلى) مىسىرغا چۈشۈرگەن ۋابا كېسىلىنى ئەۋەتتىم» (دېمەك، مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدە مىسىرغا چۈشكەن ۋابالارنى بېشىڭلارغىمۇ چۈشۈردۈم) **«ئاتلىرىڭلارنى ئولجا بولۇشقا قويۇۋەتتىم»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇلارنى (دېمەك، يىگىتلىرىڭلارنى) سىلەر بۇلىۋالغان ئاتلار بىلەن بىللە ئۆلتۈرگۈزدۈم».

**بولۇپ قالدىڭلار؛**
**بىراق يېنىمغا يەنىلا قايتمىدىڭلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛**
**12 شۇڭا مەن ساڭا شۇنداق قىلىشىم كېرەك دەۋاتىمەن، ئى ئىسرائىل؛**
**مەن بۇنى ساڭا قىلىدىغانلىقىم تۈپەيلىدىن،**
**خۇدايىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييارلان، ئى ئىسرائىل!**
**13 چۈنكى مانا، تاغلارنى شەكىللەندۈرگۈچى،**
**شامالنى ياراتقۇچى،**
**ئىنسانغا ئۆزلىرىنىڭ ئوي-پىكرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايان قىلغۇچى،**
**تاڭ سەھەرنى قاراڭغۇلۇققا ئايلاندۇرغۇچى،**
**يەر يۈزىدىكى يۇقىرى جايلارنىڭ ئۈستىدە دەسسەپ يۈرگۈچى دەل شۇدۇر،**
**پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا ئۇنىڭ نامىدۇر!**

---

**11:4 «مەن ئاراڭلاردىن بەزىلەرنى خۇدا سودوم ۋە گوموررا شەھەرلىرىنى ئۆرۈۋەتكىنىدەك ئۆرۈۋەتتىم»** ــ «**مەن** ... بەزىلەرنى **خۇدا** ... ئۆرۈۋەتكىنىدەك ئۆرۈۋەتتىم» ــ بۇ يەردە سۆز قىلغۇچى كىم؟ بىزنىڭچە مۇشۇ بېشارەتنى مەسىھ ئۆزى بەرگەن بولسا كېرەك.

**11:4** يار. 24:19، يەش. 19:13

**12:4 «خۇدايىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييارلان!»** ــ گەرچە بەلكىم ۋاقىت-پەيتى شۇنچە كېچىككىنى بىلەن، خۇدا يەنىلا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييار تۇرىدۇ، يەنىلا (بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ) ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت كۆرستىشكە تەييار تۇرىدۇ، دېگەنلىك بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز (تەۋراتتا ئادەتتە: «خۇدا بىلەن كۆرۈشۈش» دېگەن مەنىدە).

—بىراق بەزى ئالىملار بۇ جۈملىنى خۇدانىڭ پات ئارىدا چۈشۈرىدىغان جازاسىنى كۆرستىدۇ، دەپ قارايدۇ

**13:4 «ئىنسانغا ئۆزلىرىنىڭ ئوي-پىكرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايان قىلغۇچى...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئىنسانغا ئۇنىڭ ئوي-پىكرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى...» دېيىلىدۇ. شۇڭا باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئىنسانغا ئۆزىنىڭ (خۇدانىڭ) ئوي-پىكرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايان قىلغۇچى...».

—بىراق بىز «ئۇنىڭ ئوي-پىكرى» دېگەنلىك خۇدانىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭكىنى كۆرستىدۇ، دەپ قارايمىز.

—**«تاڭ سەھەرنى قاراڭغۇلۇققا ئايلاندۇرغۇچى»** ــ ياكى «قاراڭغۇلۇقنى تاڭ سەھەر قىلغۇچى».

**13:4** ناھ. 3:1

## ئۆچ تاۋاپگاھ توغرۇلۇق

5 [1] ئى ئىسرائىل جەمەتى، بۇ سۆزنى،
يەنى مەن سەن توغرۇلۇق ئوقۇيدىغان بىر مەرسىيەنى ئاڭلاپ قوي:
—
[2] «پاك قىز ئىسرائىل يىقىلدى؛
ئۇ قايتىدىن ئورنىدىن تۇرمايدۇ؛
ئۇ ئۆز تۇپرىقىغا تاشلانغان،
ئۇنى تۇرغۇزۇپ يۆلىگۈچى يوقتۇر».
[3] چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: —
ئىسرائىلنىڭ مىڭ لەشكەر چىققان بىر شەھىرىنىڭ يۈز لەشكىرىلا
تىرىك قالىدۇ؛
يۈز لەشكەر چىققان بىر شەھىرىنىڭ ئىسرائىل جەمەتى ئۈچۈن ئون
لەشكىرىلا تىرىك قالىدۇ؛
[4] چۈنكى پەرۋەردىگار ئىسرائىل جەمەتىگە مۇنداق دەيدۇ: —
مېنى ئىزدەڭلار، ھاياتقا ئېرىشىسىلەر؛
[5] بەيت-ئەلنى ئىزدىمەڭلار،
گىلگالغىمۇ بارماڭلار،
بەئەر-شېباغا سەپەر قىلماڭلار؛
چۈنكى گىلگال ئەسىرگە ئېلىنىپ سۈرگۈن قىلىنماي قالمايدۇ،
بەيت-ئەل يوققا چىقىدۇ.

---

5:5 **«بەيت-ئەلنى ئىزدىمەڭلار، گىلگالغىمۇ بارماڭلار، بەئەر-شېباغا سەپەر قىلماڭلار»** — بەيت-ئەل، گىلگال ھەم بەئەر-شېبا ئىسرائىللار ئۈچۈن ئۈچ تاۋابگاھقا ئايلانغانىدى. بۇ ئۈچ جايغا بېرىپ قۇربانلىق قىلىش قاتارلىقلار «تاۋاپ قىلىش»تەك «ساۋابلىق ئىش» دەپ قارالغان. بۇ ئۈچ جاي ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ، يەشۇئا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان جايلاردۇر. تەۋراتتا، بۇنداق «تاۋاب قىلىش» ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى خوراپىلىق دەپ قارىلىدۇ.
—ئاموس بۇ يەردە سۆز ئويۇنى قىلىدۇ، «گىلگال ئەسىرگە چۈشىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئىبرانىي تىلىدا «گىلگال گالاھ-گالاھ» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «بەيت-ئەل يوقىقا چىقىدۇ» دېگەننىڭ «بەيت-ئەل «يوق» (يوققا باراۋەر بولغان) بىر بۇتقا ئوخشاپ قالىدۇ» دېگەن ئىچكى مەنىسى بار.
5:5 ئام. 4:4

6 پەرۋەردىگارنى ئىزدەڭلار، ھاياتقا ئېرىشىسىلەر؛
بولمىسا ئۇ يۈسۈپ جەمەتى ئىچىدە ئوت كەبى پارتلاپ، ئۇنى يەپ كېتىدۇ،
ھەم بەيت-ئەلدە ئوتنى ئۆچۈرگۈدەك ئادەم تېپىلمايدۇ.
7 ئى ئادالەتنى ئەمەنگە ئايلاندۇرغۇچى،
ھەققانىيلىقنى يەرگە تاشلىغۇچىلار،
8 سىلەر ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە قەلب يۇلتۇز تۈپىنى ياراتقۇچى،
ئۆلۈم كۆلەڭگىسىنى تاڭ نۇرىغا ئايلاندۇرغۇچى،
كۈندۈزنى قاراڭغۇلۇق بىلەن كېچىگە ئايلاندۇرغۇچى،
دېڭىزدىكى سۇلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى يەر يۈزىگە قۇيغۇچىنى ئىزدەڭلار؛
پەرۋەردىگار ئۇنىڭ نامىدۇر.
9 ئۇ باتۇرلار ئۈستىگە تۇيۇقسىز ھالاكەتنى پارتلىتىدۇ،
ئىستىھكام ئۈستىگە ھالاكەت چۈشۈرىدۇ.
10 شۇ ئىسرائىللار شەھەر دەرۋازىسىدا تەنبىھ بېرىدىغانلارغا ئۆچ،
دۇرۇس سۆزلەيدىغانلاردىن يىرگىنىدۇ.
11 ئەمدى سىلەر نامراتلارنى ئېزىپ،
ئۇلاردىن بۇغداي «ھەدىيە»لەرنى ئالدىڭلار!
ئويۇلغان تاشلاردىن ئۆيلەرنى سالدىڭلار،
بىراق ئۇلاردا تۇرمايسىلەر؛
سىلەر گۈزەل ئۈزۈمزارلارنى بەرپا قىلغانسىلەر،

---

**7:5** **«ئى ئادالەتنى ئەمەنگە ئايلاندۇرغۇچى»** — «ئەمەن» دېگەن ئاچچىق بىر ئۆسۈملۈك بولغاچقا، مۇشۇ يەردە ئادەملەرگە قايغۇ-ھەسرەتنى ئېپكېلىدىغان ئادالەتسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**8:5** ئايۇپ 9:9؛ 31:38؛ ئام. 6:9

**10:5** **«شۇ ئىسرائىللار شەھەر دەرۋازىسدا تەنبىھ بېرىدىغانلارغا ئۆچ،...»** — «شەھەر دەرۋازىسى» شەھەردىكى ئاقساقاللار ئولتۇرىدىغان، ئەرز-دەۋالارنى ئاڭلايدىغان، سوراق قىلىدىغان جاي.

بىراق ئۇلارنىڭ شارابىنى ئىچەلمەيسىلەر.
[12] چۈنكى سىلەرنىڭ ئاسىيلىقلىرىڭلارنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكىنى،
سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن؛
ئۇلار ھەققانىي ئادەمنى ئېزىدۇ، ئۇلار پارا يەيدۇ،
شەھەر دەرۋازىسىدا مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى قايرىۋالىدۇ.
[13] شۇڭا بۇنداق دەۋردە «پەملىك ئادەم» سۈكۈت قىلىدۇ؛
چۈنكى ئۇ رەزىل بىر دەۋردۇر.

[14] ھايات ياشاش ئۈچۈن يامانلىقنى ئەمەس، مېھرىبانلىق-ياخشىلىقنى ئىزدەڭلار؛
شۇنداق بولغاندا سىلەر دېگىنىڭلاردەك،
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.
[15] يامانلىقتىن نەپرەتلىنىڭلار، مېھرىبانلىق-ياخشىلىقنى سۆيۈڭلار،
شەھەر دەرۋازىسىدا ئادالەتنى ئورنىتىڭلار؛
شۇنداق قىلغاندا پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا بەلكىم يۈسۈپنىڭ قالدىسىغا شاپائەت كۆرسىتەر.

---

11:5 **«ئەمدى سىلەر نامراتلارنى ئېزىپ،...»** — ئىبرانيي تىلىدا «ئەمدى سىلەر نامراتلارنى دەسسەپ،...».
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «نامراتلاردىن ئېغىر ئىجارە ھەققى ئېلىپ،...».

**11:5** زەف. 13:1

13:5 **««پەملىك ئادەم» سۈكۈت قىلىدۇ»** — مۇشۇ «پەملىك ئادەم» بەلكىم «ئۆز بىخەتەرلىكى ياكى مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يۈرىدىغان ئادەم» دېگەن مەنىدە. يۇقىرىقى 10-، 12-ئايەتنى كۆرۈڭ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاموس پەيغەمبەرنىڭ «ئېپى يوق» ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇ ئوپئوچۇق ھالدا رەزىل ھۆكۈمدارلارغا، بايلارغا تەنبىھ بەرمەكتە.

15:5 **«... خۇدا بەلكىم يۈسۈپنىڭ قالدىسىغا شاپائەت كۆرسىتەر»** — «يۈسۈپنىڭ قالدىسى» شىماليي پادىشاھلىق بولغان «ئىسرائىل»دىن قالدۇرۇلغانلارنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپتىن تۆرۈلگەن ئەفرائىم ۋە ماناسسەھدىن ئىسرائىل ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قەبىلىلەر چىققان.

**15:5** زەب. 34:14-15؛ 97:10؛ رىم. 12:9

16 شۇڭا پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا رەب مۇنداق دەيدۇ: ــ
«بارلىق كەڭ رەستە-بازارلاردا ئاھ-زارلار ئاڭلىنىدۇ؛
ئۇلار ھەممە كوچىلاردا «ۋاي... ۋاي!...» دەپ ئاۋازىنى كۆتۈرىدۇ؛
ئۇلار دېھقانلارنىمۇ ماتەم تۇتۇشقا،
ئاھ-زارلار كۆتۈرگۈچى «ئۇستىلار»نى يىغلاشقا چاقىرىدۇ.
17 ھەم بارلىق ئۈزۈمزارلاردىمۇ ئاھ-زارلار كۆتۈرۈلىدۇ؛
چۈنكى مەن ئۆزۈم ئاراڭلاردىن ئۆتۈپ كېتىمەن» ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى

18 پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىگە تەقەززار بولغان سىلەرگە ۋاي!
پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى سىلەرگە قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرەر؟
ئۇ يورۇقلۇق ئەمەس، بەلكى قاراڭغۇلۇق ئېلىپ كېلىدۇ.
19 ئۇ كۈنى بىرسى شىردىن قېچىپ، ئېيىققا ئۇچراپ،
ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ، قولى بىلەن تامغا يۆلەنگەندە،
يىلان ئۇنى چاققاندەك بىر ئىش بولىدۇ!
20 پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى يورۇقلۇق ئەمەس، بەلكى قاراڭغۇلۇقلا ئېلىپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭدا پەقەت قاراڭغۇلۇقلا بولۇپ، يورۇقلۇق ھېچ بولمايدىغۇ؟!

---

17:5 **«مەن ئۆزۈم ئاراڭلاردىن ئۆتۈپ كېتىمەن»** ــ «مىس.» 12:12دە، پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلغا «مەن مىسىرنى كېزىپ ئۆتىمەن» دەپ مىسىرلىقلارغا ئۆلۈم جازاسىنى يۈرگۈزگەنلىكىگە ئوخشاش، ئۇ ھازىر **ئۆز خەلقى** ئارىسىدىن «ئۆتۈپ كېتىپ»، ئۆز جازاسىنى ئېلىپ بارىدۇ.
18:5 **«پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىگە تەقەززار بولغان سىلەرگە ۋاي!»** ــ ئاموس دەۋرىدىكىلەر تەۋراتتىكى «ئوبادىيا» ھەم «يوئېل» پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدىن «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نى خاتا چۈشىنىپ، بەلكىم «خۇدا ھەممە «كاپىر ئەجنەبىي» ئەللەرنى قاتتىق ئۇرىدۇ، «خۇدانىڭ خەلقى بولغان بىزلەر» كۆتۈرۈلىمىز» دېگەن ئىرقچى، بىمەنە كۆز-قاراشتا بولغانىدى. ئاموس بۇ كۈن بولسا، گۇناھتىن توۋا قىلمىغان ھەربىر ئادەمگە جازا ئېلىپ كېلىدۇ، دەيدۇ.
**18:5** يەر. 7:30؛ يو. 2:2؛ زەف. 15:1

## بىھۇدە ھېيت-بايراملار

21 ھېيتلىرىڭلارغا نەپرەتلىنىمەن، ئۇلاردىن بىزار بولدۇم،
ئىبادەت سورۇنلىرىڭلارنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغۇم يوق.
22 چۈنكى سىلەر ماڭا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ھەم ئاشلىق
ھەدىيەلىرىڭلارنى سۇنۇپ ئاتىساڭلارمۇ،
مەن ئۇلارنى قوبۇل قىلمايمەن؛
سىلەرنىڭ بورداق ماللىرىڭلار بىلەن قىلغان «ئىناقلىق
قۇربانلىقلىرىڭلار»غا قارىمايمەن.
23 مەندىن مۇناجاتلىرىڭلارنىڭ سادالىرىنى ئېپكېتىڭلار،
چىلتارلىرىڭلارنىڭ كۈيلىرىنى ئاڭلىمايمەن؛
24 بۇنىڭ ئورنىدا ئادالەت خۇددى شارقىراتمىدەك،
ھەققانىيلىق ئەبەدىي ئاقىدىغان ئېقىمدەك دولقۇنلىسۇن!
25 سىلەر چۆل-باياۋاندىكى قىرىق يىلدا قىلغان قۇربانلىق-
ھەدىيەلەرنى ماڭا ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ، ئى ئىسرائىل جەمەتى؟!
26 بەرھەق، سىلەر «سۆككوت» دېگەن پادىشاھىڭلار، ھەم «قىئۇن»
دېگەن بۇتلىرىڭلارنى، يەنى «يۇلتۇز ئىلاھى»ڭلارنى كۆتۈرۈپ
ماڭدىڭلار!

---

**21:5** يەش. 1:11؛ يەر. 20:6

**25:5** «**سىلەر چۆل-باياۋاندىكى قىرىق يىلدا قىلغان قۇربانلىق-ھەدىيەلەرنى ماڭا ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ، ئى ئىسرائىل جەمەتى؟!**» — مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە چۆل-باياۋاندا بولغان دەۋردە، ئىسرائىللار چۆل-باياۋاندا قۇربانلىقلارنى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايەتتىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئۇلار بۇ قۇربانلىقلارنى **خۇدا ئۈچۈن** ئاتىغان ئەمەس («ماڭا ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟»)؛ بۇ ئىشلار پەقەتلا بىر «دىنىي پائالىيەت» يۈسۈنىدا ئېلىپ بېرىلغان، خالاس.
**25:5** روس. 42:7

**26:5** «**بەرھەق، سىلەر ... «يۇلتۇز ئىلاھى»ڭلارنى كۆتۈرۈپ ماڭدىڭلار!**» — پۈتكۈل ئايەتنىڭ تەرجىمىلىرى كۆپ خىل. بىراق ئاساسىي مەنىسى ئوخشاش، ئىسرائىل مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدىن تارتىپ كۆڭلىدىكى بۇتپەرەسلىكنى ھېچ تاشلىمىغان. ئايەتتە ئېيتىلغان بۇتلار ئاساسەن مېسوپوتامىيە، يەنى بابىل رايونىدىكى بۇتلاردۇر. شۇڭا خۇدانىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان جازاسى (27-ئايەت) ئۇلارنى بابىلغا ئەسىر قىلدۇرۇپ، شۇ يەرگە سۈرگۈن قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

27 ئەمدى مەن سىلەرنى ئەسىر قىلىپ، دەمەشقتىن يىراقلارغا سۈرگۈن قىلدۇرىمەن،
دەيدۇ «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان پەرۋەردىگار.

## ئىسرائىلنىڭ ھاكىم-ھۆكۈمدارلىرىغا ۋاي!

6 1 ئى زىئوندا خاتىرجەم ئولتۇرغانلار ھەم سامارىيە تېغىغا تايىنىپ ئامان-ئېسەن ياشىغانلار!
ئى ئەللەرنىڭ كاتتىسىنىڭ ئەربابلىرى!
ئىسرائىل جەمەتى سىلەرنى ئىزدەپ كېلىدۇ ــ
سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي!
2 سىلەر خەلققە: ــ «كالنەھ شەھىرىگە بېرىپ كۆرۈڭلار؛
شۇ يەردىن «بۈيۈك خامات» شەھىرىگە بېرىڭلار،
ئاندىن فىلىستىيلەرنىڭ شەھىرى گاتقا چۈشۈپ بېقىڭلار؛
بۇلار سىلەرنىڭ ئىككى پادىشاھلىقىڭلاردىن ئەۋزەلمۇ؟
ئۇلارنىڭ چېگرىسى سىلەرنىڭكىدىن كەڭمۇ؟» ــ دەپ ماختىنىپ سۆزلەيسىلەر.

**1:6** مىس. 5:19؛ يەر. 3:2
2:6 «**بۇلار سىلەرنىڭ ئىككى پادىشاھلىقىڭلاردىن ئەۋزەلمۇ؟**» ــ «ئىككى پادىشاھلىق» ــ بىرىنچىسى شىمالىي پادىشاھلىق ــ ئىسرائىل، پايتەختى سامارىيە؛ ئىككىنچىسى جەنۇبىي پادىشاھلىق ــ يەھۇدا، پايتەختى يېرۇسالېم.
ــ«سىلەر خەلققە:... ماختىنىپ سۆزلەيسىلەر» دېگەن سۆزلەر ئەسلىدىكى تېكىستتە يوق. بۇ ئايەتتە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بار: ــ ئايەتتىكى سۆزلەرنى ئاموس ئېيتقانمۇ ياكى سامارىيەدىكى ئەمىرلەر سامارىيەنىڭ بەختەرلىكى توغرۇلۇق ماختىنىپ ئېيتقانمۇ؟ بىزنىڭچە سامارىيەدىكى ئەمىرلەر ئېيتقان بولۇشى كېرەك؛ چۈنكى ئەگەر پەيغەمبەر ئاگاھلاندۇرۇش تەرىزىدە سورىغان بولسا، سوئالنىڭ ئەكسىچە سورىغان بولاتتى، ــ يەنى «بۇ شەھەرلەر سىلەرنىڭ ئىككى پادىشاھلىقىڭلاردىن ئاجىزمۇ؟»» دەپ سورىغان بولاتتى. شۇڭا بۇ سۆزلەرنى قوشتۇق. بۇ ئۈچ شەھەرنىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ، ئاندىن غۇلىغان بولسا كېرەك ــ بىراق ھازىرغىچە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تارىخىي خاتىرىلەر يوق.

**3 ئى يامان كۈننى كېچىكتۈرمەكچى بولغانلار!**
**سىلەر جەبىر-زۇلۇمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىپ، ئۇنى ئۆزۈڭلارغا**
**يېقىن قىلماقچى بولىسىلەر،**
**4 پىل چىشىدا نەقىشلەنگەن كارىۋاتلار ئۈستىدە ياتىسىلەر،**
**دىۋانلىرىڭلار ئۈستىدە كېرىلىپ ياتىسىلەر،**
**پادا تۇپىدىن پاخلانلارنى،**
**كالا قوتانلىرىدىن موزاينى تاللاپ يەيسىلەر،**
**5 چىلتار ئاھاڭىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىسىلەر،**
**داۋۇتتەك ئۆزۈڭلارغا سازلارنى ئىجاد قىلىسىلەر،**
**6 شارابنى چىنىلەپ-چىنىلەپ ئىچىسىلەر،**
**ئۆزۈڭلارغا سەرخىل مايلىق ئەتىرلەرنى سۈرىسىلەر،**
**بىراق كۆڭلۈڭلار يۈسۈپ جەمەتىنىڭ زىيان-زەخمىتى ئۈچۈن ھېچ ئازابلانمايدۇ!**
**7 شۇڭا ئۇلار تۇنجى ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئارىسىدا ئەسىرگە ئېلىنىدۇ؛**
**كېرىلىپ ياتقانلارنىڭ ئەيش-ئىشرىتى ئاخىرلىشىدۇ.**
**8 رەب پەرۋەردىگار ئۆز ھاياتى بىلەن قەسەم قىلغانكى،**
**دەيدۇ پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا،**
**مەن ياقۇپنىڭ غورۇرىدىن بىزار بولدۇم،**
**ئۇنىڭ ئوردا-ئىستىھكاملىرىدىن نەپرەتلىنىمەن؛**
**مەن بۇ شەھەرنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ھەممىنى دۈشمەنگە تەڭلا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن؛**

---

**3:6** ئەز. 27:12؛ ئام. 18:5

**5:6** يەش. 12:5

**6:6** يەش. 11،12:5

7:6 **«شۇڭا ئۇلار تۇنجى ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئارىسىدا ئەسىرگە ئېلىنىدۇ؛ كېرىلىپ ياتقانلارنىڭ ئەيش-ئىشرىتى ئاخىرلىشىدۇ»** — تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى مەلۇم بىر يۇرتقا تاجاۋۇز قىلغاندا، ئاۋۋال شۇ يۇرتتىكى مۆتىۋەرلەرنى ئەسىر قىلىپ ئېپكېتىش ئادىتى بار ئىدى.

**7:6** يەش. 13:5

**9 ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى،**
**بىر ئۆيدە ئون ئادەم بولۇپ قالسا، بۇ ئونەيلەنمۇ ئۆلىدۇ.**
**10 ئەگەر مەلۇم بىر ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقىنى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈشكە مەسئۇل كىشى ئۇستىخانلارنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىۋېتىپ، ئۆي ئىچىدىكى يەنە بىرسىدىن:**
**«قېشىڭدا يەنە بىرسى بارمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇ «يوق» دەيدۇ،**
**ئاندىن تۇغقىنى يەنە: «سۈكۈت! پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشىمىزغا بولمايدۇ!» ــ دەيدۇ.**
**11 سەۋەبى، پەرۋەردىگار بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ،**
**ۋە چوڭ ئۆينى پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ،**
**كىچىك ئۆينىمۇ چاك-چېكىدىن يېرىپ چېقىۋېتىدۇ.**
**12 ئاتلار تاش ئۈستىدە چاپالامدۇ؟**
**ئادەملەر ئاشۇ يەرنى كالىلار بىلەن ئاغدۇرالامدۇ؟**

---

9:6 **«بىر ئۆيدە ئون ئادەم بولۇپ قالسا، بۇ ئونەيلەنمۇ ئۆلىدۇ»** ــ 3:5نى كۆرۈڭ.
10:6 **«مەلۇم بىر ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقىنى...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەلۇم بىر ئۆلگۈچىنىڭ تاغىسى...».
—**«... جەسەتنى كۆيدۈرۈشكە مەسئۇل كىشى ئۇستىخانلارنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىۋېتىپ، ئۆي ئىچىدىكى يەنە بىرسىدىن: ــ «قېشىڭدا يەنە بىرسى بارمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇ «يوق» دەيدۇ، ئاندىن تۇغقىنى يەنە: «سۈكۈت! پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشىمىزغا بولمايدۇ!» ــ دەيدۇ»** ــ ئادەتتە يەھۇدىي خەلقى جەسەتلەرنى كۆمىدۇ، «جەسەتنى كۆيدۈرۈش»نى ئۆچ كۆرىدۇ. «جەسەتنى كۆيدۈرۈش» دېگەن ئىش ئۇلارنىڭ بېشىغا ناھايىتى ئېغىر ئاپەت چۈشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جەسەتلەرنى كۆمۈشكە قەتئىي ۋاقتى چىقمايدۇ، دېمەكچى. شۇڭا بۇ بېشارەت سامارىيەنىڭ ناھايىتى جىددىي، بىچارە ئەھۋالغا چۈشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەسەت ئۆيدە ئۇزۇنغىچە تۇرغان ــ ھازىر پەقەت «ئۇستىخانلار»لا قالغان. ھايات قالغان كىشىلەر شۇنداق قورقىدۇكى، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى ئېيتىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.
—قىزىق بىر ئىش شۇكى، ئۇزۇندىن تارتىپ، بولۇپمۇ يېرۇسالېمنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ۋەيران قىلىنىشىدىن كېيىن، يەھۇدىيلار «ياھۋەھ» (پەرۋەردىگار) دېگەن ئىسمنى ئىشلىتىشكە پېتىنالمايدۇ.
11:6 **«پەرۋەردىگار... چوڭ ئۆينى پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ، كىچىك ئۆينىمۇ چاك-چېكىدىن يېرىپ چېقىۋېتىدۇ»** ــ ھاكىم-ھۆكۈمدارلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ گۇناھلىرى ھامان باشقىلارنى ئۆز گۇناھلىرىغا چېتىلدۇرۇپ قويىدۇ؛ شۇ ۋەجىدىن «كىچىك ئۆيلەر»مۇ جازاغا ئۇچراپ كېتىدۇ.

بىراق سىلەر ئادالەتنى ئۆت سۈيۈقلىقىغا،
ھەققانىيلىقنىڭ مېۋىسىنى ئەمەنگە ئايلاندۇرغانسىلەر ــ
13 «لو-دەبار شەھىرىنى ئېلىپ شادلانغانىدۇق،
كارنائىم شەھىرىنىمۇ ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئالدۇقمۇ؟» ــ
دېگەنسىلەر. 14 چۈنكى مانا، ئى ئىسرائىل جەمەتى،
دەيدۇ پەرۋەردىگار، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇدا،
مەن سىلەر بىلەن قارشىلىشىدىغان بىر ئەلنى تۇرغۇزىمەن؛
ئۇلار خامات شەھىرىنىڭ داۋىنىدىن ئاراباھ ئېقىمىغىچە سىلەرنى
خارلايدۇ.

## ئاموسنىڭ دۇئالىرى ــ خۇدانىڭ قارارى

7 1 رەب پەرۋەردىگار ماڭا كۆرسەتتىكى ــ
كېيىنكى ئوت-چۆپ باش تارتقان ۋاقىتىدا، مانا ئۇ چېكەتكىلەرنى
ياسىدى (بۇ پادىشاھ ئۆزىگە ئوت-چۆپ ئورغاندىن كېيىنكى،
ئىككىنچى قېتىملىق ئوت-چۆپ ئۆسكەن ۋاقىت ئىدى) 2 ھەم

12:6 «... ئادالەتنى ئۆت سۈيىگە، ھەققانىيلىقنى ئەمەنگە ئايلاندۇرغانسىلەر» ــ مۇشۇ ئىبارىنىڭ مەنىسى 5-باب، 7-ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر.

12:6 ئام. 7:5

13:6 «لو-دەبار» ــ ياكى «يوق بىر نەرسە». «كارنائىم» ــ مەنىسى «مۈڭگۈزلەر»، مۈڭگۈزلەر بولسا پات-پات «كۈچ-قۇدرەت»نى بىلدۈرىدۇ. لو-دەبار ۋە كارنائىم ئىوردان شەرق تەرىپىدە، يەرەبوئام II پادىشاھ ئىگىلىۋالغان تېررىتورىيە ئىچىدىكى ئىككى شەھەر ئىدى (2پاد. 28:14-25نى كۆرۈڭ). قارىغاندا، سامارىيە يەرووبوئام ئىگىلىۋالغان تېررىتورىيىدىن ئىنتايىن تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن. ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ــ يوق بىر نەرسىدىن شادلىنىپ كەتكەنسىلەر، «ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ قۇدرەتكە ئىگە بولغانمىز» ــ دېگەنسىلەر». بىزنىڭچە پەيغەمبەر سۆز ئويۇنى قىلىپ، ئىككى بىسلىق مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ ــ«يوق بىر نەرسە» ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

14:6 «مەن سىلەر بىلەن قارشىلىشىدىغان بىر ئەلنى تۇرغۇزىمەن» ــ «بىر ئەل» ئاسسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ.

1:7 «رەب پەرۋەردىگار ماڭا كۆرسەتتىكى ــ كېيىنكى ئوت-چۆپ باش تارتقان ۋاقىتىدا،

شۇنداق بولدىكى، چېكەتكىلەر زېمىندىكى ئوت-چۆپنى قالدۇرماي
يەۋەتكەندىن كېيىن، مەن: ــ
«ئى رەب پەرۋەردىگار، ئۆتۈنۈپ قالاي، كەچۈرگەيسەن! ياقۇپ قانداقمۇ
چىدىيالايدۇ؟ ئۇ كىچىك تۇرسا!» ــ دېدىم.
3 پەرۋەردىگار ئەمدى ئۇنداق قىلىشتىن ياندى: «ئەمدى ئۇنداق
بولمايدۇ» ــ دېدى پەرۋەردىگار.
4 رەب پەرۋەردىگار ماڭا كۆرسەتتى ــ
مانا، رەب پەرۋەردىگار خەلقى بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئوتنى چاقىردى؛
ئوت ھەتتا چوڭقۇر دېڭىزنىمۇ قۇرۇتتى،
مىراس بولغان زېمىننىمۇ يەپ كەتتى؛
5 ئەمدى مەن: ــ
«ئى رەب پەرۋەردىگار، ئۆتۈنۈپ قالاي، توختىغايسەن! ياقۇپ قانداقمۇ
چىدىيالايدۇ؟ ئۇ كىچىك تۇرسا!» ــ دېدىم.
6 پەرۋەردىگار شۇنداق قىلىشتىن ياندى: «ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ» ــ
دېدى رەب پەرۋەردىگار.

7 ئەمدى ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى كۆرسەتتى ــ
ۋە مانا، رەب تىك ئۆلچىگۈچ يىپ بىلەن قوپۇرۇلغان تام تۈۋىدە،
قولىدا تىك ئۆلچىگۈچ يىپنى تۇتقىنىچە تۇراتتى؛ 8 ۋە پەرۋەردىگار
مەندىن: ــ
«ئاموس، نېمىنى كۆردۈڭ؟» دەپ سورىدى.
مەن: «تىك ئۆلچىگۈچ يىپنى» ــ دېدىم.
رەب: «مەن يەنە ئۆز خەلقىم ئىسرائىل ئوتتۇرىسىغا تىك ئۆلچىگۈچ
يىپنى تىكلەيمەن؛ مەن يەنە ئۇلارنى جازالىماي ئۆتۈپ كەتمەيمەن؛
9 ھەم ئىسھاقنىڭ «يۇقىرى جايلىرى» ھالاك بولىدۇ،

---

**مانا ئۇ چېكەتكىلەرنى ياسىدى...»** ــ بۇ ئىشنى (شۇنداقلا 4-، 7- ۋە 1:8-ئايەتتىكى ئىشلارنىمۇ) ئاموس بېشارەتلىك غايىبانە كۆرۈنۈشتە كۆرگەن بولسا كېرەك. چۈنكى 3-، 6-ئايەتتە پەرۋەردىگار «بۇنداق ئىشتىن» ياندۇ.

ئىسرائىلنىڭ تاۋاپگاھلىرى ۋەيران قىلىنىدۇ؛
يەرەبوئام جەمەتىگە قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا ئورنۇمدىن
تۇرىمەن» ــ دېدى.

## ئاموسنىڭ بۇتپەرەسلەرنىڭ تاۋاپگاھى بولۇپ قالغان بەيت-ئەلنىڭ كاھىنى، يەنى «شىماليي پادىشاھلىق» ئىسرائىلنىڭ «باش كاھىنى» ئامازىيا بىلەن بولغان كۆرۈشى

[10] شۇنىڭ بىلەن بەيت-ئەلدىكى كاھىن ئامازىيا ئىسرائىل پادىشاھى
يەرەبوئامغا خەۋەر يوللاپ: ــ
«ئاموس ئىسرائىل جەمەتى ئارىسىدا تۇرۇپمۇ سىلىگە سۇيىقەست
قىلدى؛ زېمىن ئۇنىڭ قىلغان بارلىق گەپلىرىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.
[11] چۈنكى ئاموس: ــ «يەرەبوئام قىلىچتا ئۆلىدۇ، ئىسرائىل ئەسىرگە
ئېلىنىپ ئۆز زېمىنىدىن سۈرگۈن بولماي قالمايدۇ!» ــ دەيدۇ» ــ دېدى.
[12] ئاندىن ئامازىيا ئاموسقا: ــ ھەي ئالدىن كۆرگۈچى! بەس، يوقال،
يەھۇدا زېمىنىغا قاچ، ئاشۇ يەردە بېشارەت بېرىپ، شۇ يەردە نان تېپىپ
يە! [13] بىراق بەيت-ئەلدە يەنە بېشارەت بەرمە؛ چۈنكى ئۇ پادىشاھنىڭ
تاۋاپگاھى، شاھلىق ئۆيىدۇر، ــ دېدى.
[14] ئاموس ئامازىياغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ــ
«مەن ئەسلى پەيغەمبەر ئەمەس ئىدىم، ياكى پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىمۇ

---

9:7 **«ئىسھاقنىڭ «يۇقىرى جايلىرى» ھالاك بولىدۇ»** ــ «يۇقىرى جايلار» تاغ چوققىلىرى قاتارلىق جايلاردا خۇداغا قۇربانلىق قىلىش ئەسلىدە مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇندا مەنئى قىلىنغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئىسرائىل ھەم يەھۇدادىكىلەر خېلى بۇرۇنلا تاغ چوققىلىرى ئۈستىدە پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا باشلىغانىدى. كېيىن ئۇلار مۇشۇ «يۇقىرى جايلار»دا بۇتقا چوقۇنۇشقا باشلىدى.
11:7 **«چۈنكى ئاموس: ــ «يەرەبوئام قىلىچتا ئۆلىدۇ، ئىسرائىل ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆز زېمىنىدىن سۈرگۈن بولماي قالمايدۇ!» ــ دەيدۇ»** ــ ئەمەلىيەتتە ئاموس: ــ «پەرۋەردىگار يەرەبوئامنىڭ **جەمەتىگە** قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ» ــ دېگەنىدى (9-ئايەت).
13:7 **«بەيت-ئەلدە يەنە بېشارەت بەرمە؛ چۈنكى ئۇ پادىشاھنىڭ تاۋاپگاھى»** ــ «پادىشاھنىڭ تاۋاپگاھى» ئىبرانىي تىلىدا «پادىشاھنىڭ «مۇقەددەس جاي»ى» دېيىلىدۇ.

ئەمەسمەن؛ بەلكى مەن بىر چارۋىچى، شۇنداقلا ئېرەن دەرەخلىرىنىڭ
مېۋىسىنى تەرگۈچى ئىدىم. [15] بىراق پادا بېقىۋاتقان چېغىمدا پەرۋەردىگار
مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى ۋە ماڭا: «بارغىن، خەلقىم ئىسرائىلغا
بېشارەت بەر» ــ دېدى. [16] ئەمدى، ئى ئامازىيا، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سال! سەن ماڭا: «ئىسرائىلنى ئەيىبلەيدىغان بېشارەتلەرنى
بەرمە، ئىسھاق جەمەتىنى ئەيىبلەيدىغان سۆزلەرنى ئېيتما»، دېدىڭ.
[17] شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«سېنىڭ ئايالىڭ شەھەردە پاھىشە بولىدۇ، ئوغۇل-قىزلىرىڭ قىلىچ
بىلەن قىرىلىدۇ ۋە زېمىنىڭ ئۆلچەش تانىسى تارتىلىشى بىلەن
پارچىلىنىدۇ؛ سەن ناپاك بىر زېمىندا ئۆلىسەن؛ ۋە ئىسرائىل ئەسىرگە
ئېلىنىپ ئۆز زېمىنىدىن سۈرگۈن بولماي قالمايدۇ»».

## كېلىدىغان جازالار

8 [1] رەب پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى كۆرسەتتى؛ مانا، بىر
سېۋەت يازلىق مېۋە. [2] ئاندىن ئۇ مەندىن: ئاموس، نېمىنى كۆردۈڭ؟
ــ دەپ سورىدى.
مەن: «بىر سېۋەت يازلىق مېۋىنى» ــ دېدىم.
پەرۋەردىگار ماڭا: ئەمدى خەلقىم ئىسرائىلغا زاۋال يەتتى؛ مەن يەنە
ئۇلارنى جازالىماي ئۆتۈپ كەتمەيمەن، ــ دېدى.
[3] ــ شۇ كۈنى ئوردىدىكى قىزلارنىڭ ناخشىلىرى قىيا-چىيالارغا
ئايلىنىدۇ، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار؛ ــ جەسەتلەر كۆپ بولىدۇ؛ ئۇلار

---

**16:7** ئەز. 7:21

**1:8 «رەب پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى كۆرسەتتى؛ مانا، بىر سېۋەت يازلىق مېۋە»** ــ بۇ ئىشنى (ھەم 7-باب، 4-، 7-ئايەتتىكى ئىشلارنىمۇ) ئاموس بېشارەتلىك غايىبانە كۆرۈنۈشتە كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن.

**2:8 «مەن: «بىر سېۋەت يازلىق مېۋىنى» ــ دېدىم. پەرۋەردىگار ماڭا: ئەمدى خەلقىم ئىسرائىلغا زاۋال يەتتى... ــ دېدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «يازلىق مېۋە» بىلەن «زاۋال» دېگەن سۆزلەر بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**جاي-جايلاردا سىرتقا تاشلىنىدۇ. سۈكۈت!**
**4 بۇنى ئاڭلاڭلار، ھەي مىسكىنلەرنى ئەزگۈچىلەر،**
**زېمىندىكى ئاجىز مۆمىنلەرنى يوقاتماقچى بولغانلار —**
**5 «ئاشلىقىمىزنى ساتماقچى ئىدۇق، يېڭى ئاي قاچانمۇ ئاخىرلىشار،**
**بۇغداي يايمىسىنى ئاچاتتۇق، شابات كۈنى قاچان تۈگەر؟» —**
**دەيدىغانلار،**
**شۇنداقلا «ئەفاھ»نى كىچىك قىلىپ، «شەكەل»نى چوڭ ئېلىپ،**
**ئالدامچىلىق ئۈچۈن تارازىنى يالغان قىلغانلار!**
**6 — نامراتلارنى كۈمۈشكە،**
**مىسكىن ئادەمنى بىر جۈپ چورۇققا سېتىۋالماقچى بولغانلار،**
**بۇغداينى سۈپۈرۈندىسى بىلەن قوشۇپ ساتماقچى بولغانلار!**
**7 پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ غۇرۇرى بىلەن شۇنداق قەسەم قىلدىكى،**
**بەرھەق،**

---

3:8 **«جەسەتلەر كۆپ بولىدۇ؛ ئۇلار جاي-جايلاردا سىرتقا تاشلىنىدۇ. سۈكۈت!» —** دېمەك، شۇ چاغدا ماتەم تۇتقاندا، ئاۋاز چىقىرىشقا بولمايدۇ.

4:8 **«ھەي مىسكىنلەرنى ئەزگۈچىلەر...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ھەي، مىسكىنلەرنى يۇتۇۋالغۇچىلار...».

5:8 **«ئاشلىقىمىزنى ساتماقچى ئىدۇق، يېڭى ئاي قاچانمۇ ئاخىرلىشار، بۇغداي يايمىسىنى ئاچاتتۇق، شابات كۈنى قاچان تۈگەر؟» —** «يېڭى ئاي» كۈنىدە ھەم «شابات كۈنى» (شەنبە كۈنى)دە مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە دەم ئېلىش كېرەك ئىدى. ئەمدى بۇ كىشىلەر ئاچكۆزلۈكتىن دەم ئېلىشقىمۇ نارازى ئىدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۇلار بۇغداينى ئۆلچەيدىغان كۈرىنى كىچىك، تەڭگىلەرنى جىڭلايدىغان تارازا تېشىنى چوڭ قىلىپ خەقلەرنى ئالدايدۇ (كېيىنكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ). **««ئەفاھ»نى كىچىك قىلىپ، «شەكەل»نى چوڭ ئېلىپ،..» —** «ئەفاھ» ھەجىم بىرلىكى، «شەكەل» پۇلنىڭ ياكى ئېغىرلىقنىڭ بىرلىكى ئىدى. بىر «ئەفاھ» (ياكى «كۈرە») 40 لىترچە، بىر «شەكەل» («مىسقال») 14 گرام كېلىدۇ. بۇ تولۇق ئايەت سودىگەرلەرنىڭ ئاددىي پۇقرالارنى ئۆلچەم بىرلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، قاقتى-سوقتى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**5:8** ھوش. 8:12

**6:8** ئام. 6:2

**مەن ھەرگىز ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىدىن ھېچبىرىنى ئۇنتۇمايمەن!**
**[8] زېمىن بۇ ئىشلاردىن تەۋرىنىپ كەتمەمدۇ؟**
**ۋە ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ماتەم تۇتمامدۇ؟**
**ئۇ نىل دەرياسىدەك ئۆرلەپ كېتىدۇ،**
**ئۇ مىسىر دەرياسىدەك ئۆركەشلەپ، ئاندىن چۆكۈپ كېتىدۇ.**
**[9] شۇ كۈنى شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار،**
**قۇياشنى چۈشتە پاتقۇزىمەن،**
**زېمىننى شۇ ئوچۇق كۈندە قاراڭغۇلاشتۇرىمەن.**
**[10] ھېيتلىرىڭلارنى مۇسىبەتكە،**
**ھەممە ناخشىلىرىڭلارنى ئاھ-زارلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن؛**
**ھەممە ئادەمنىڭ چاترىقى ئۈستىنى بۆز رەخت بىلەن ئورىغۇزىمەن،**
**ھەربىر ئادەمنىڭ بېشىدا تاقىرلىق پەيدا قىلىمەن؛**
**بۇ ماتەمنى يەككە-يېگانە بىر ئوغۇلنىڭ ماتىمىدەك،**
**ھېيتنىڭ ئاخىرىنى دەرد-ئەلەملىك بىر كۈن قىلىۋېتىمەن.**

---

**7:8 «پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ غۇرۇرى بىلەن شۇنداق قەسەم قىلدىكى،...»** ــ بەزى ئالىملار: ««ياقۇپنىڭ غۇرۇرى بىلەن» دېگەننى «ياقۇپنىڭ پەخرى بىلەن»، دېمەك «ياقۇپنىڭ پەخرى بولغان خۇدا بىلەن» دەپ چۈشىنىدۇ. بىراق 6-باب، 8-ئايەت بويىچە خۇدا «ياقۇپنىڭ غۇرۇرى» ياكى «ياقۇپنىڭ پەخرى»گە ئۆچ ئىدى. ئادەتتە قەسەم ئىچىشتە قەسەم قىلغۇچىلار ناھايىتى مۇقىم، ئۆزگەرمەس بىر نەرسە بىلەن قەسەم ئىچىدۇ؛ خۇدانىڭ «ياقۇپنىڭ غۇرۇرى بىلەن» قەسەم ئىچىشى بولسا ئىنتايىن كىنايىلىك گەپ، «ياقۇپنىڭ غۇرۇرى»نىڭ ھېچ ئۆزگەرمەس، ناھايىتى جاھىل ئىكەنلىكىنى پۇرىتىدۇ.

**8:8 «زېمىن بۇ ئىشلاردىن تەۋرىنىپ كەتمەمدۇ؟ ۋە ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ماتەم تۇتمامدۇ؟ ئۇ نىل دەرياسىدەك ئۆرلەپ كېتىدۇ، ئۇ مىسىر دەرياسىدەك ئۆركەشلەپ، ئاندىن چۆكۈپ كېتىدۇ»** ــ مۇشۇ ئايەتتە ئاموس يەر تەۋرەش توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ (1:1نى كۆرۈڭ). نىل دەرياسى ھەر يىلى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىپ، بىر مەزگىل كەلكۈن كېلىپ، زېمىننى بېسىپ كېتىدۇ. قانائان (پەلەستىن) زېمىنىمۇ ئەمدى نىل دەرياسىغا ئوخشاش «ئۆرلەپ كېتىدۇ» (يەر تەۋرەش بىلەن ئېگىز-پەس بولىدۇ).

**10:8 «ھەممە ئادەمنىڭ چاترىقى ئۈستىنى بۆز رەخت بىلەن ئورىغۇزىمەن»** ــ «بۆز رەخت»كە ئورۇنۇۋېلىش، چاچلارنى چۈشۈرىۋېتىش قاتتىق ماتەمنى ياكى توۋا قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. **«بۇ ماتەمنى يەككە-يېگانە بىر ئوغۇلنىڭ ماتىمىدەك... قىلىۋېتىمەن»** ــ بېشارەتتە ئۆلگەن «يەككە-يېگانە ئوغۇل» زادى كىمدۇ؟ مەزكۇر سوئال ئىسرائىل ئۈچۈن

## سۈرگۈن بولۇپ، خۇدانىڭ سۆزىدىن ئايرىلىش

[11] مانا، شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار،
زېمىنغا قەھەتچىلىكنى ئەۋەتىمەن، ــ
نانغا بولغان قەھەتچىلىك ئەمەس، ياكى سۇغا بولغان چاڭقاشمۇ ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلاشقا بولغان قەھەتچىلىكنى ئەۋەتىمەن.
[12] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېڭىزدىن دېڭىزغا، شىمالدىن شەرققە كېزىپ ماڭىدۇ،
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامىنى ئىزدەپ ئۇيان-بۇيان يۈرۈپ، ئۇنى تاپالمايدۇ.
[13] شۇ كۈنى گۈزەل قىزلار ھەم يىگىتلەرمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ھالىدىن كېتىدۇ؛
[14] ھەم سامارىيەنىڭ گۇناھىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكەنلەر، يەنى «ئىلاھىڭنىڭ تىرىكلىكى بىلەن، ئى دان!»، ياكى «بەئەر-شېبادىكى ئىلاھىي تىرىك يول بىلەن!» دەپ قەسەم ئىچكەنلەر بولسا ــ

---

دەۋردىن-دەۋرگە باشنى قاتۇردىغان مەسىلە.

12:8 **«كېزىپ ماڭىدۇ»** ــ ياكى «سەرسان بولۇپ ماڭىدۇ» ياكى «ئەلەڭشىپ ماڭىدۇ».
**«شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېڭىزدىن دېڭىزغا، شىمالدىن شەرققە كېزىپ ماڭىدۇ، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامىنى ... تاپالمايدۇ»** ــ بىرىنچىدىن، «دېڭىزدىن دېڭىزغا» دېگەنلىك بەلكىم ««ئوتتۇرا دېڭىز»دىن «ئۆلۈك دېڭىز»غا»، يەنى «غەربتىن شەرققە» دەپ بىلدۈرىدۇ. تېكىستتە «جەنۇبقا» تىلغا ئېلىنمايدۇ. بەلكىم بۇ ئىسرائىلدىكىلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ ــ ئۇلار يەھۇدادىن، ياكى يەھۇدادىن كەلگەن پەيغەمبەردىن (مەسىلەن، ئاموستىن) ھەقىقەتنى ئىزدىمەيدۇ.
—تولۇق بېشارەت بەلكىم يەھۇدىيلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى، بولۇپمۇ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك ــ ئۇلار ئىنجىلنى، يەنى «خۇش خەۋەر»نى قوبۇل قىلمىغاچقا، ئۆزلىرى تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە ھېچ چۈشەنچە تاپالمايدۇ.

ئۇلار يىقىلىدۇ، ئورنىدىن ھەرگىز قايتىدىن تۇرالمايدۇ.

## ساختىپەزلىك ئۈستىگە قىلىنغان جەڭ

9 [1] مەن رەببىنىڭ قۇربانگاھىنىڭ يېنىدا تۇرغىنىنى كۆردۈم؛ ئۇ مۇنداق
دېدى: ــ
تۈۋرۈكلەرنىڭ باشلىرىنى ئۇرۇڭلار، بوسۇغىلار سىلكىنگىچە ئۇرۇڭلار،
ئۇلارنى ئىبادەتخانىدىكىلەرنىڭ باشلىرىغا چۈشۈرۈپ، پارە-پارە
قىلىڭلار!
مەن شۇ بۇتپەرەسلەردىن ئەڭ ئاخىردا قالغانلىرىنىمۇ قىلىچ بىلەن
ئۆلتۈرىمەن؛
ئۇلاردىن قاچاي دېگەنلەر قاچالمايدۇ،
ئۇلاردىن قۇتۇلاي دېگەنلەر قۇتۇلۇپ چىقالمايدۇ.
[2] ئۇلار تەھتىسارا ئىچىگە تېشىپ كىرسە، قولۇم ئاشۇ يەردىن ئۇلارنى
تارتىپ چىقىرىدۇ؛

14:8 **«سامارىيەنىڭ گۇناھىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكەنلەر»** ــ «سامارىيەنىڭ گۇناھى» ئۇلارنىڭ بۇتلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. ــ**«بەئەر-شېبادىكى ئىلاھىي تىرىك يول بىلەن!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «بەئەر-شېبادىكى يولنىڭ تىرىكلىكى بىلەن» دېيىلىدۇ.
ــ «داننىڭ ئىلاھى» ھەم «بەئەر-شېبادىكى ئىلاھىي تىرىك يول» ــ شۇ ئىككى يەرنىڭ بۇتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
ــ«يول» ئىبرانىي تىلىدا «دەرەك» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەرىقە» ۋە «تەرىقەت» دېگەن سۆزلەر ئەرەب تىلى ئارقىلىق مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن.
**14:8** ئام. 5:5

1:9 **«مەن رەببىنىڭ قۇربانگاھىنىڭ يېنىدا تۇرغىنىنى كۆردۈم؛ ئۇ مۇنداق دېدى: ــ تۈۋرۈكلەرنىڭ باشلىرىنى ئۇرۇڭلار، بوسۇغىلار سىلكىنگىچە ئۇرۇڭلار، ئۇلارنى ئىبادەتخانىدىكىلەرنىڭ باشلىرىغا چۈشۈرۈپ، پارە-پارە قىلىڭلار!»** ــ بۇ ئىشلار، شۈبھىسىزكى، بەيت-ئەلدىكى (بۇتپەرەسلىك سورۇنى قىلىنغان، بىراق «پەرۋەردىگارنىڭ نامى» بىلەن ئاتالغان) ئىبادەتخانىدا بولىدۇ. مۇشۇ بۇيرۇق كىمگە بېرىلگەنلىكى ئېنىق دېيىلمىدى؛ بەلكىم پەرىشتىلەرگە بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلۇشى بەلكىم يەر تەۋرەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك (5-ئايەتنى كۆرۈڭ).

ئۇلار ئاسمانغا يامىشىپ چىقسا، مەن شۇ يەردىن ئۇلارنى تارتىپ چۈشۈرىمەن؛
3 ئۇلار كارمەل چوققىسىغا مۆكۈۋالسىمۇ، مەن ئۇلارنى ئىزدەپ شۇ يەردىن ئالىمەن؛
ئۇلار دېڭىز تېگىدە نەزىرىمدىن يوشۇرۇنۇۋالغان بولسىمۇ،
مەن يىلاننى بۇيرۇيمەن، ئۇ ئۇلارنى چاقىدۇ؛
4 دۈشمەنلىرىگە ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ،
مەن شۇ يەردە قىلىچنى بۇيرۇيمەن، ئۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ؛
مەن ياخشىلىقنى ئەمەس، بەلكى يامانلىقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆزلىرىمنى ئۇلارغا تىكىمەن.
5 ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب پەرۋەردىگار،
زېمىنغا تەگكۈچى بولسا دەل ئۇنىڭ ئۆزىدۇر؛
ئۇ تېگىشى بىلەنلا، زېمىن ئېرىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ماتەم تۇتىدۇ؛
زېمىن نىل دەرياسىدەك ئۆرلەپ كېتىدۇ ــ
مىسىرنىڭ دەرياسىدەك ئۆركەشلەپ، ئاندىن چۆكۈپ كېتىدۇ.
6 راۋاقلىرىنى ئەرشلەرگە سېلىپ، ئاسمان گۈمبىزىنى يەر يۈزىگە بېكىتكۈچى شۇدۇر؛
دېڭىزدىكى سۇلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى يەر يۈزىگە قۇيغۇچى ئۇدۇر؛
پەرۋەردىگار ئۇنىڭ نامىدۇر.

---

2:9 **«تەھتىسارا»** ــ ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان جاي.

**2:9** زەب. 139:8-12

3:9 **«ئۇلار دېڭىز تېگىدە نەزىرىمدىن يوشۇرۇنۇۋالغان بولسىمۇ، مەن يىلاننى بۇيرۇيمەن، ئۇ ئۇلارنى چاقىدۇ»** ــ «يەش.» 27:1نى كۆرۈڭ.

**4:9** يەر. 11:44

5:9 **«ئۇ تېگىشى بىلەنلا، زېمىن ئېرىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ماتەم تۇتىدۇ؛ زېمىن نىل دەرياسىدەك ئۆرلەپ كېتىدۇ...»** ــ مۇشۇ ئايەتتە يەر تەۋرەش توغرۇلۇق يەنە بىر بېشارەت بېرىلىدۇ.

**6:9** زەب. 104:3، 13؛ ئام. 5:8

[7] سىلەر ماڭا نىسبەتەن ئېفىئوپىيە بالىلىرىغا ئوخشاش ئەمەسمۇ، ئى
ئىسرائىل بالىلىرى؟
مەن ئىسرائىلنى مىسىردىن ئېلىپ چىقارغان ئەمەسمۇ؟
فىلىستىيلەرنى كرېت ئارىلىدىن، سۇرىيەلىكلەرنى كىر شەھىرىدىن
چىقارغان ئەمەسمۇ؟
[8] قاراڭلار، رەب پەرۋەردىگارنىڭ كۆزى «گۇناھكار پادىشاھلىق»
ئۈستىگە چۈشتى ــ
مەن يەر يۈزىدىن ئۇنى يوقىتىمەن؛
لېكىن مەن ياقۇپ جەمەتىنى تولۇق يوقىتىۋەتمەيمەن، ــ دەيدۇ
پەرۋەردىگار.
[9] چۈنكى قاراڭلار، مەن بۇيرۇق چۈشۈرىمەن،
شۇنىڭ بىلەن خۇددى بىرسى داننى غەلۋىردە تاسقىغاندەك، ئىسرائىل
جەمەتىنى ئەللەر ئارىسىدا تاسقايمەن،
بىراق ئۇلاردىن ئەڭ كىچىكىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. [10] ھالبۇكى،
خەلقىمنىڭ بارلىق گۇناھكارلىرى، يەنى: «كۈلپەت بىزگە ھەرگىز

---

7:9 **«سىلەر ماڭا نىسبەتەن ئېفىئوپىيە بالىلىرىغا ئوخشاش ئەمەسمۇ، ئى ئىسرائىل بالىلىرى؟ مەن ئىسرائىلنى مىسىردىن ئېلىپ چىقارغان ئەمەسمۇ؟ فىلىستىيلەرنى كرېت ئارىلىدىن، سۇرىيەلىكلەرنى كىر شەھىرىدىن چىقارغان ئەمەسمۇ؟»** ــ «كرېت ئارىلى» ــ ئىبرانىي تىلىدا «كافتور».
—تولۇق ئايەتنىڭ مەنىسى: ــ ئىسرائىللار «خۇدا بىزنى مىسىردىن ئالاھىدە چىقارغان» دېگەن ئويدا بولۇپ، «نېمىنى قىلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىز يەنىلا خۇدانىڭ ئالاھىدە خەلقى بولىمىز، ھېچنېمە بىزگە تەگمەيدۇ» دېگەن خاتا ئويغا كېلىپ قالغان بولسا كېرەك. خۇدا مۇشۇ يەردە، باشقا ئەللەرنى («كاپىر» ئەللەرنى) باشقا يەرلەردىن (جۈملىدىن مىسىردىن يىراق جايلاردىن)، ئېلىپ چىقاردىم، دەيدۇ. شۇڭا، مەلۇم بىر ئەل بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە يۆتكىلىپ چىققان بولسىمۇ، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ قالتىسلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ. ئەلنىڭ يۈرتلىرىنى بېكىتكۈچى بولسا پەقەت خۇدا ئۆزىدۇر
9:9 **«شۇنىڭ بىلەن خۇددى بىرسى داننى غەلۋىردە تاسقىغاندەك، ئىسرائىل جەمەتىنى ئەللەر ئارىسىدا تاسقايمەن، بىراق ئۇلاردىن ئەڭ كىچىكىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ»** ــ بۇغداي دانلىرى غەلۋىردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، تاشلار قالىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، شۈبھىسىزكى، خۇدا قىممىتى بار بولغان بارلىق بۇغداي دانلىرىنى (ھەقىقىي ئېتىقادچىلارنى) يىغىپ ساقلايدۇ (10-ئايەتنى كۆرۈڭ). سۈزۈلۈپ قالغانلىرى (تاشلار) تاشلىۋېتىلىدۇ.

يىقىنلاشمايدۇ، بىشىمىزغا چۈشمەيدۇ» دىگۈچىلەر قىلىچ تىگىدە ئۆلىدۇ.

## ئادەمنى ھەيرانۇھەس قىلىدىغان ۋەدە ـ ئاخىرقى زامانلار

11 شۇ كۈنى مەن داۋۇتنىڭ يىقىلغان كەپىسىنى يىڭىباشتىن تىكلەيمەن،
ئۇنىڭ يىرىقلىرىنى ئېتىمەن؛
ئۇنى خارابىلىكتىن ئوڭشاپ،
ئەينى زاماندىكى پېتىدەك قۇرىمەن.
12 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېدومنىڭ قالدىسىغا ھەمدە نامىم بىلەن ئاتالغان بارلىق ئەللەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ـ دەيدۇ بۇنى بىجىرگۈچى پەرۋەردىگار.
13 مانا شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
يەر ھەيدىگۈچى ھوسۇل يىغقۇچىغا يېتىشىۋالىدۇ،
ئۈزۈملەرنى چەيلىگۈچى ئۇرۇق چاچقۇچىغا يېتىشىۋالىدۇ؛

---

11:9 **«داۋۇتنىڭ يىقىلىپ چۈشكەن كەپىسىنى يىڭىباشتىن تىكلەيمەن»** ــ بۇ بېشارەت: (1) داۋۇت پەيغەمبەردىن بولغان پادىشاھلىق ناھايىتى ئاجىز بولۇپ ئاندىن تۈگىشىدىغانلىقىنى (يىقىلىدىغانلىقىنى) كۆرسىتىدۇ (ئاموس پەيغەمبەردىن 150 يىل كېيىن شۇنداق بولغان)؛ (2) ئاخىرقى زامانلاردا خۇدانىڭ داۋۇتنىڭ بىر ئەۋلادىنى ئىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىسرائىلنى قايتىدىن بىر پادىشاھلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پادىشاھلىق بارلىق قالغان ئەللەرنى باشقۇرىدۇ (12-ئايەتتە كۆرسىتىلىدۇ). بۇ ئەللەرنىڭ ھەممىسى خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ (12-ئايەت).

—«قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**11:9** روس. 16:15

12:9 «**شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېدومنىڭ قالدىسىغا ھەمدە نامىم بىلەن ئاتالغان بارلىق ئەللەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ**» ــ گرېك تىلىدىكى LXX تەرجىمىسىدە «شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ قالدىسى، جۈملىدىن نامىم بىلەن ئاتالغان بارلىق ئەللەر مېنى ئىزدەيدۇ» دېيىلىدۇ. روس. 16:15نىمۇ كۆرۈڭ.

—ئەڭ قەدىمكى ئىبرانىي تىلدا «ئېدوم» ۋە «ئادەم» ئوخشاش شەكىلدە ئىدى.

**12:9** روس. 16:15

**تاغلار يېڭى شارابنى تېمىتىپ،**
**بارلىق دۆڭ-ئېگىزلىكلەر ئېرىپ كېتىدۇ.**
**[14] ۋە خەلقىم ئىسرائىلنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئازادلىققا ئېرىشتۈرىمەن؛**
**ئۇلار خاراب شەھەرلەرنى قايتا قۇرۇپ، ئۇلاردا ماكانلىشىدۇ؛**
**ئۇلار ئۈزۈمزارلارنى تىكىپ، ئۇلارنىڭ شارابىنى ئىچىدۇ؛**
**ئۇلار باغلارنى بەرپا قىلىپ، مېۋىسىنى يەيدۇ.**
**[15] مەن ئۇلارنى ئۆز زېمىنى ئۈستىگە تىكىمەن،**
**ئۇلار مەن ئۇلارغا ئاتا قىلغان زېمىنىدىن ھەرگىز قايتىدىن يۇلۇۋېتىلمايدۇ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار سېنىڭ خۇدايىڭ.**

---

13:9 **«ئۈزۈملەرنى چەيلىگۈچى ئورۇق چاچقۇچىغا يېتىشىۋالىدۇ»** ــ «ئۈزۈملەرنى چەيلىگۈچى» ئۈزۈم شارابى چىقىرىش ئۈچۈن ئۈزۈملەرنى كۆلچەككە قويۇپ دەسسەيدىغان ئادەملەر. **«يەر ھەيدىگۈچى ھوسۇل يىغقۇچىغا يېتىشىۋالىدۇ، ئۈزۈملەرنى چەيلىگۈچى ئورۇق چاچقۇچىغا يېتىشىۋالىدۇ»** ــ دېمەك، ھوسۇلنى يىغىپ بولۇشقا كۆپ ۋاقت كېتىدۇ. ھوسۇل ئېلىش ئادەتتە مارت، ئاپرېل ئايلىرىدا باشلىنىدۇ. يەر ھەيدەش ئادەتتە ئۆكتەبر، نويابىردا بولىدۇ. بىراق ھوسۇلنى يېغىۋېلىش يەر ھەيدەش باشلانغان ۋاقىتقىچە تېخى تۈگىمەيدۇ؛ ئۈزۈم چەيلەش ۋاقتى ئادەتتە سىنتەبىر ئېيىدا بولىدۇ. لېكىن ئاخىرقى زاماندا ئۈزۈم چەيلەش ئورۇق چېچىش ۋاقتىغىچە، يەنى نويابىر، دېكابىر ئايلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. **«بارلىق دۆڭ-ئېگىزلىكلەر ئېرىپ كېتىدۇ»** ــ بۇ ئىبارە بەلكىم سۈت ۋە شاراب شۇنچە مول بولىدۇ، مېۋە شىرنىلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ، تاغلار ۋە دۆڭلەر «ئېرىپ كېتىۋاتقان»دەك كۆرۈنىدۇ، دېگەن مەنىدە. بۇ ئايەت «يو.» 3:18-ئايەتتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

**13:9** يو. 3:18

14:9 **«ۋە خەلقىم ئىسرائىلنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئازادلىققا ئېرىشتۈرىمەن؛ ئۇلار خاراب شەھەرلەرنى قايتا قۇرۇپ،... ئۇلار باغلارنى بەرپا قىلىپ، مېۋىسىنى يەيدۇ»** ــ بۇ ئۇلۇغ ۋەدە 4:9، 5:11، 5:27، 8:2-ئايەتلەردە خاتىرىلەنگەن جازالارنى يۇزدەيۈز ئۆزگەرتىدۇ. ئاخىر بېرىپ خۇدا ئۆز خەلقىنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇپ، پاكلاندۇرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلار ئارىسىدا پۈتۈنلەي ئۇلۇغلىنىدۇ.

**15:9** يەر. 32:41

# قوشۇمچە سۆز

## بەزى ئايەتلەر ئۈستىدە

(1) «ھېيتلىرىڭلارنى مۇسىبەتكە،
ھەممە ناخشىلىرىڭلارنى ئاھ-زارلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن؛
ھەممە ئادەملەرنىڭ چاترىقى ئۈستىگە بۆز رەخت بىلەن ئورىغۇزىمەن،
ھەربىر ئادەمنىڭ بېشىدا تاقىرلىق پەيدا قىلىمەن؛
بۇ ماتەمنى يەككە-يېگانە بىر ئوغۇلنىڭ ماتىمىدەك،
ھېيتنىڭ ئاخىرىنى دەرد-ئەلەملىك بىر كۈن قىلىۋېتىمەن» (10:8)

بۇ ئاخىرقى زامانلارنى كۆرسىتىدىغان بىر بېشارەت. ئىسرائىل ئىنتايىن ئېچىنارلىق ماتەم تۇتقان ھالەتكە چۈشىدۇ. ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتىكى «زەك.» 12:10-14 ئايەتلەرنى ئوقۇسا، مۇشۇ ماتەمنىڭ ئوبيېكتى ياكى سەۋەبىنىڭ دەل ئۇلارنىڭ ئۆز مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىسىنى «سانجىپ ئۆلتۈرگەن»لىكى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. مەسىھ بولسا خۇدانىڭ «يەككە-يېگانە ئوغلى» ۋە شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭمۇ ھەقىقىي «ئوغلى» (گەرچە ئۇ يەنە ئۇلارغا «ئاتا»مۇ بولسىمۇ ــ «يەش.» 9:6نى كۆرۈڭ). ئىسرائىللار بۇ ماتەمنى تۇتۇش ئارقىلىق خۇدانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ.

(2) «پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلاشقا بولغان قەھەتچىلىك» (14-11:8)
«مانا، شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار،
زېمىنغا قەھەتچىلىكنى ئەۋەتىمەن، ــ
ــ نانغا بولغان قەھەتچىلىك ئەمەس، ياكى سۇغا بولغان چاڭقاشمۇ ئەمەس،
بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلاشقا بولغان قەھەتچىلىكنى ئەۋەتىمەن».

بۇ بېشارەت يەنە ئىسرائىل خەلقى توغرۇلۇق بولغان، بىزنىڭ پىكرىمىزچە، ئۇ هازىرقى كۈنلەرنى كۆرسىتىدۇ. تارىختىكى ئادەمنى ئەڭ هەيران قالدۇرىدىغان پاكىتلىرى ئىچىدىن بىرى شۇكى، ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئېنىق بېشارەتلىرى بار بولسىمۇ، يەھۇدىي خەلقى بۈگۈنگە قەدەر تېخى ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلارنىڭ مۆتىۋەر «رابىي»لىرى (ئۇستازلار) دەۋردىن-دەۋرگە مەسىھنى قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ تەلىملىرىنى خاتا دېيىشنى قەتئىي خالىمايدۇ. ئۇلار «رابىلىرىمىز خاتا» دېسىلا، ئۇلارنىڭ ئەلدىكى بارلىق «دانالىق»لىرى يوققا باراۋەر دېگەنلىكتۇر. بەزىلەر ھەقىقەتنى ئىزدەپ ئاتېئىزم، كوممۇنىزم ۋە ئۇ-بۇ شەكىلدە بولغان بۇددا دىنىغا بېرىلگەن. غەلىتە پاكىت شۇكى - ئىسرائىلىيە دۆلىتى بۈگۈنكى كۈندە يەھۇدىي ئانىنىڭ قېنى بار دەپ ئىسپاتلانغان ھەرقانداق ئادەمنى، مەيلى ئۇنىڭ نېمىگە ئېتىقاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، گراژدانلىققا قوبۇل قىلىدۇ - ئۇ ئاتېئىست (خۇداسىز)، كوممۇنىست، بۇددىست، مۇسۇلمان بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بىراق پەقەت مەسىھىي ئېتىقادچىسى بولسىلا - مەيلى ئۇنىڭ ئاتا ياكى ئانا تەرەپتىن ئوتتۇز ئەۋلاد يەھۇدىي نەسەبنامىسى بولسىمۇ - ئۇ ئىسرائىلىيە گراژدانلىقىغا قوبۇل قىلىنالمايدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭغا ئىسرائىلىيەگە كىرىش رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

(2010 ئىزاھات - بۇ سىياسەتتە پات يېقىندا ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن).

ئەمەلىيەتتە بولسا يېقىنقى يۈز يىلدا، بۇرۇنقىغا نىسبەتەن كۆپلىگەن يەھۇدىيلار مەسىھنى ئۆز قۇتقۇزغۇچىسى دەپ ئېتىراپ قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ سانىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

(3) «ھەزرىتى داۋۇتنىڭ يىقىلغان كەپىسىنى يېڭىباشتىن تىكلەش» (ئىسرائىلنىڭ يۇرتىغا، خۇدانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى: 9:11-15)

«شۇ كۈنى مەن داۋۇتنىڭ يىقىلغان كەپىسىنى يېڭىباشتىن تىكلەيمەن،
ئۇنىڭ يېرىقلىرىنى ئېتىمەن؛
ئۇنى خارابىلىكتىن ئۇكشاپ،

ئۇنى ئەينى زاماندىكى پېتىدەك قۇرىمەن.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېدومنىڭ قالدىسىغا ھەمدە نامىم بىلەن ئاتالغان
بارلىق ئەللەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ــ دەيدۇ بۇنى بېجىرگۈچى
پەرۋەردىگار.
مانا شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
ــ يەر ھەيدىگۈچى ھوسۇل يىغقۇچىغا يېتىشىۋالىدۇ،
ئۈزۈملەرنى چەيلىگۈچى ئۇرۇق چاچقۇچىغا يېتىشىۋالىدۇ؛
تاغلار يېڭى شارابنى تېمىتىپ،
بارلىق دۆڭ-ئېگىزلىكلەر ئېرىپ كېتىدۇ.
ۋە خەلقىم ئىسرائىلنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئازادلىققا
ئېرىشتۈرىمەن؛
ئۇلار خارابلاشقان شەھەرلەرنى قايتا قۇرۇپ، ئۇلاردا ماكانلىشىدۇ؛
ئۇلار ئۈزۈمزارلارنى تىكىپ، ئۇلارنىڭ شارابىنى ئىچىدۇ؛
ئۇلار باغلارنى بەرپا قىلىپ، مېۋىسىنى يەيدۇ.
مەن ئۇلارنى ئۆز زېمىنى ئۈستىگە تىكىمەن،
ئۇلار مەن ئۇلارغا ئاتا قىلغان زېمىندىن ھەرگىز قايتىدىن
يۇلۇۋېتىلمايدۇ
ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار سېنىڭ خۇدايىڭ».

كۆپ پەيغەمبەرلەر كۆرگەندەك، ئىسرائىل ئاخىرقى زاماندا دەرۋەقە توۋا قىلىپ، مەسىھ ئەيسانىڭ قۇربانلىقىنىڭ ئۆز گۇناھى ئۈچۈن بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، خۇدانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئاموسنىڭ كۈنلىرىدە داۋۇتنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھلىقى پەقەت دېھقان ئىپتىزدا دەم ئېلىشقا ياسىغان كەپىگە ــ يەنى «يىقىلىپ كېتەي» دېگەن بىر كەپىگە ئوخشايتتى («يەش.» 8:1). ئۇ شۇ چاغدا دەرۋەقە «يىقىلىۋاتاتتى»؛ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى، ئۇ بابىل ئىمپېرىيەسى ئالدىدا ئۇ پۈتۈنلەي يىقىلغان. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسرائىلدا پادىشاھ بولۇپ باقمىغان. ۋالىي پىلاتۇس داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەيسا مەسىھنى قويۇپ بەرمەكچى بولۇپ يېرۇسالېمدىكى كۆپچىلىك ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: «مانا سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار!» دەپ

جاكارلىغاندا، ئۇلار: «قەيسەردىن باشقا بىزنىڭ ھېچقانداق پادىشاھىمىز يوق!» دەپ ۋارقىراپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي پادىشاھىنى رەت قىلغان. بىراق مەسىھ ئەيسا دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە، خۇدا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقىنى يېڭىباشتىن قۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا كۆپ ئەللەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ، نۇرغۇن ئەللەر ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ (12-ئايەت). ئەمەلىيەتتە بولسا، يەھۇدىي خەلقى ئۆز پادىشاھىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن چاغلاردا كۆپ «يات ئەللەر» بولغان بىزلەر ئالللىقاچان خۇدانىڭ مەسىھنى ئالەمنىڭ پادىشاھى ۋە رەببى قىلىپ تىكلىگەنلىكىنى بىلىپ يېتىپ، پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ دۇنيادا ئىنسانلار ئۈچۈن خۇدانىڭ نامى بىلەن (ئۇنىڭ پەرزەنتى بولۇپ) ئاتىلىشتىن ئارتۇق يۇقىرى ئىمتىياز يوقتۇر – بۇ ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئۆز بالىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە قوبۇل قىلىنىپ بېقىۋېلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

(ئىنجىلدا روسۇل ياقۇپنىڭ ئاموسنىڭ دەل بۇ بېشارىتى ئۈستىدە توختالغانلىقىنى «روس.» 15:1-33-ئايەتتىن كۆرۈڭ).

تەۋرات 31-قىسىم

# «ئوبادىيا»

## (ئوبادىيا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### پەيغەمبەر ئۆزى

ئوبادىيا پەيغەمبەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ نەدىلىكىنى ياكى ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلمەيمىز. ئۇنىڭ ئىسمى «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» دېگەن مەنىدە. يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۇنىڭ يازمىسىنىڭ بىرىمىنى ئۆز كىتابىدا نەقىل كەلتۈردۇ.

### يېزىلغان ۋاقىت

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يەرەمىيا پەيغەمبەر ئوبادىيانىڭ كىتابىنى ئۆز كىتابىدا نەقىل كەلتۈردۇ، بىراق ئايەتلەرنىڭ تەرتىپى ئوخشىمايدۇ (تەۋرات، «يەر.» 7:41-، 9-10، 14-16، 22). بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئوبادىيانىڭ كىتابى يەرەمىيانىڭكىدىن بۇرۇن يېزىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يوئىل پەيغەمبەرمۇ ئۆز كىتابىدا «ئوبادىيا»دىن نەقىل كەلتۈردۇ (32:2)؛ بۇ ئىش ئوبادىيانىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 800-يىلىدىن بۇرۇن بولغانلىقىنى بىكىتىدۇ.

«ئوبادىيا» دېگەن كىتابتا يېرۇسالېمنىڭ بىر قېتىم تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئوبادىيا پەيغەمبەر ئېدومىيلارنىڭ شۇ تاجاۋۇزلۇقتىن

پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار قوشنىسى ھەم قان قېرىندىشى بولغان ئىسرائىللارغا ياردەم بەرمەي، ئەكسىچە ئىسرائىللارنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن ۋە ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى ئۇلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانىدى، ھەتتا ئىسرائىللاردىن ئۆچ ئالغانىدى («ئوب.» 10-14-ئايەتلەر).

ئۇنداقتا، بۇ زادى قايسى تاجاۋۇزلۇق ئىدى؟ بۇ ۋەقەنىڭ قايسى ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا، كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى بېكىتكىلى بولىدۇ. بىزنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى ۋەقە توغرۇلۇق خەۋىرىمىز بار: –

(1) بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسارنىڭ يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغانلىقى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى).

(2) يەھورام يەھۇداغا پادىشاھ بولۇپ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 854-يىلى)، ئېدوم يەھۇدانىڭ بېقىندىلىقىدىن ئايرىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەرەبلەر ۋە فىلىستىيلەرنىڭ بىرلىشىپ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلغانلىقى.

بۇ ۋەقەلەر «1پاد.» 8:20-22-ئايەتلەر، «2تار.» 21-باب، 8-10 ۋە 16-17-ئايەتلەردە خاتىرىلىنىدۇ. ئەرەبلەر ۋە فىلىستىيلەر يەھورام پادىشاھنىڭ ئوردىلىرىغا بۇسۇپ كىرىپ پادىشاھنىڭ بايلىقلىرىنى، ئاياللىرىنى ۋە بالىلىرىنى ئېلىپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاددىي پۇقرالارنىڭمۇ ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرىشى تۇرغان گەپ.

مۇشۇ ئىككى ئىمكانىيەت ئىچىدە، ئىككىنچى ۋەقە ئوبادىيا بايان قىلغان ۋەقەگە ماس كېلىدۇ؛ چۈنكى بىز ئېيتقىنىمىزدەك يەرەمىيا «ئوبادىيا»دىن نەقىل كەلتۈرىدۇ، يەرەمىيا ئۆزى بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىنى شۇ ۋەقەدىن خېلى يىل بۇرۇنلا ئالدىنئالا ئېيتقان. شۇڭا «ئوبادىيا» دېگەن كىتابچە تەۋراتتىكى «پەيغەمبەر كىتابلىرى» ئىچىدە بەلكىم ئەڭ بۇرۇن، تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 854-يىلى يېزىلغان. كىتابنىڭ ئاياغلىرىغا قارىغاندا، ئېدوم شۇ چاغدىكى يەھۇدانىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، «بۇلاڭچىلارنىڭ كەينىدىن بۇلاڭچىلىق قىلغان».

## كىتابنىڭ تېمىسى

كىتابنىڭ تېمىسى ئىنتايىن ئاددىي. ئېدوم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

ئوبادىيا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» توغرۇلۇق ئەڭ بۇرۇن سۆز قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى؛ شۇڭا كىتابنى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» دېگەن ئۇلۇغ تېمىغا قارىتا بېرىلگەن بىرخىل تونۇشتۇرۇش دېگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كىتابى ئاددىي بولغىنى بىلەن، بارلىق خەلقلەر بارلىق دەۋرلەردە ئۇنىڭدىن مۇھىم ساۋاقلارنى ئالالايدۇ. بۇ ساۋاقلار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

## ئېدوم ۋە يەھۇدانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچ-ئاداۋەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

قوشكېزەك ئاكا-ئۇكا بولغان ئېدوم (يەنە بىر ئىسمى ئەساۋ) ۋە ياقۇپلار ئىبراھىمنىڭ نەۋرىلىرى، ئىسھاقنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. ئۇلار تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى خۇدا ئۇلارنىڭ ئانىسى رىۋكاھقا: ئىبراھىم پەيغەمبەرگە «روھىي ۋارىسلىق» قىلىش ئىلتىپاتى قوشكېزەكنىڭ كىچىككىگە، يەنى ياقۇپقا بېرىلىدۇ، دەپ ئالدىنئالا بېشارەت بەرگەنىدى. ياقۇپ بولسا مۇشۇ «روھىي ۋارىسلىق»قا ئىشەنگەن ۋە ئۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلىغان؛ ئەساۋ ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەما بولۇپ قالغان ئاتىسى ئىسھاق خۇدانىڭ شۇ بېشارىتىگە قارىماي، مۇشۇ «روھىي ۋارىسلىق»نى ياقۇپقا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىدا ئاكىسى ئەساۋغا تاپشۇرۇش مەقسىتىدە بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ مۇشۇ ئىلتىپاتقا ئېرىشىشىم ئۈچۈن «مەن خۇدانىڭ شۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياردەملەشمىسەم بولمايدۇ» دېگەندەك خىيالغا كەلدى؛ ئۇ ئەساۋ بولۇۋېلىپ، دادىسىنى ئالدىدى؛ ئىسھاق ئۇنى ئەساۋ دەپ بىلىپ، بەرىكەتلەپ خۇدانىڭ روھىي ۋارىسلىق ئىلتىپاتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. بۇ ئالدامچىلىق ئاكا-ئۇكا ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق ئۆچ-ئاداۋەتنى ھاسىل قىلدى. ئەساۋ ياقۇپنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، ياقۇپ يۇرتتىن قېچىپ كەتتى. يىگىرمە يىلدىن كېيىن ياقۇپ يۇرتقا قايتىپ، ئەساۋدىن كەچۈرۈم سورىدى. ئەساۋ ئۇنى مەردلەرچە كەچۈرۈم قىلىپ، ئاكا-ئۇكا قايتىدىن ئەپلەشتى («يار» 28-27، -33-32بابلارنى كۆرۈڭ).

ئەپسۇسكى، ئەساۋ ئۆزى شۇنچە مەرد-سېخىلىقتا ئۈلگە كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرى، نەۋرىلىرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرى ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنى، يەنى ئىسرائىل خەلقىنى كەچۈرۈم قىلالمىدى. ئۆز ئەجدادىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ

كەچۈرۈم قىلىش ئىزلىرىنى بېسىش ئۈياقتا تۇرسۇن، بەلكى بۇنىڭ ئورنىدا ئۇلار كونا ئۆچ-ئاداۋەتنى قايتىدىن قوزغىدى. ئىسرائىلغا بولسا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق: «ئېدومىيلار قېرىندىشىڭلار بولغاچ، ئۇلارغا نەپرەت بىلەن قارىماڭلار» – دەپ بۇيرۇلغان («قان.» 7:23). ئىسرائىلنىڭ بۇ بۇيرۇققا قانچىلىك دەرىجىدە بويسۇنغانلىقىنى ئانچە بىلمەيمىز، بىراق تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ئېدومنىڭ ئىسرائىلغا بولغان ئۆچ-ئاداۋىتى 1800 يىل داۋاملاشقان. يەنە، ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى (ئېدومىيلار) يەھۇدانىڭ دۇنياغا بولغان تەسىرىدىن (گەرچە ھەممىگە قادىر ئۆزى بۇنى ئېنىق بىكىتكەن بولسىمۇ) ھەسەت قىلاتتى؛ ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى ئۆز نەپرىتىنى ئۆچۈرۈشكە يول قويمايتتى. مانا بۇ ئوبادىيانىڭ بېشارەتلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى. ئەمەلىيەتتە بولسا، مۇشۇنداق ئۆچ-نەپرەتلىكنى ساقلاپ كەلگەن ھەربىر ئەل ئاخىر بېرىپ ئۆز-ئۆزىگە زامىن بولىدۇ.

(ياقۇپ ۋە ئەساۋلارنىڭ تارىخى «يارىتىلىش»، 25-، 28-، 33-بابلاردا خاتىرىلەنگەن).

## ئىزاھات

تەرجىمىمىزدە بىز تەۋراتشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن، بولۇپمۇ يەھۇدىي ئالىم دوكتور ئارنولد فرۇختېنبائۇم ھەم ئامېرىكىلىك ئالىم پروفېسسور داۋۇت بەيكەرلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندۇق.

## مەزمۇن: –

(1) ئېدومنىڭ ھالاك بولۇشى (1-9)
(2) ئېدومنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ سەۋەبى (10-14)
(3) پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى (15-16)
(4) ئىسرائىلنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى (17-21)

# ئوبادىيا

## ئېدومنىڭ بەربات بولۇشى

1 [1] ئوبادىيا كۆرگەن ئالامەت كۆرۈنۈش: ــ
رەب پەرۋەردىگار ئېدوم توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ــ
(بىز پەرۋەردىگاردىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇق
«بىر ئەلچى ئەللەر ئارىسىغا ئەۋەتىلدى؛
ئۇ: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، بىز ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن
تۇرايلى!» ــ دەپ خەۋەر بېرىدۇ.
[2] مانا، مەن سېنى ئەللەر ئارىسىدا كىچىك قىلدىم؛
سەن ئەللەر ئارىسىدا قاتتىق كەمسىتىلگەن خەلق بولىسەن!
[3] ھەي تاغ قىيانىڭ يېرىقلىرى ئىچىدە تۇرغۇچى،
تۇرالغۇسى يۇقىرى بولغۇچى،
كۆڭلۈڭدە: «كىم مېنى يەرگە چۈشۈرەلىسۇن؟!» دېگۈچى،
كۆڭلۈڭدىكى تەكەببۇرلۇق ئۆزۈڭنى ئالداپ قويدى!
[4] سەن بۈركۈتتەك ئۆزۈڭنى يۇقىرى كۆتۈرسەڭمۇ،
چاڭگاڭنى يۇلتۇزلار ئارىسىغا تىزساڭمۇ،
مەن شۇ يەردىن سېنى چۈشۈرۈۋېتىمەن،

---

1:1 **«بىر ئەلچى ئەللەر ئارىسىغا ئەۋەتىلدى»** ــ «ئەللەر» (ياكى «يات ئەللەر») ــ ئىسرائىلغا يات بولغان ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. **«ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، بىز ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن تۇرايلى!»** ــ «ئۇنىڭغا» بولسا، ئېدومغا. بەلكىم بۇ ئەلچى ئېدومغا دۈشمەن ئەللەرنىڭ بىرىدىن چىققان بولۇپ، ئۇ باشقا ئەللەرنى ئېدومنى يوقىتىشقا چاقىرىدۇ.

2:1 **«مەن سېنى ئەللەر ئارىسىدا كىچىك قىلدىم؛ سەن ئەللەر ئارىسىدا قاتتىق كەمسىتىلگەن خەلق بولىسەن!»** ــ خۇدا ئېدومنى «سېنى» دەپ، مۇشۇ يەردە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە سۆز قىلىدۇ.

3:1 **«تاغ قىيانىڭ يېرىقلىرى ئىچىدە تۇرغۇچى، تۇرالغۇسى يۇقىرى بولغۇچى»** ــ دېمىسەكمۇ، ئېدوم پىنھانراق، ئۈستىگە چىقىش تەس بولغان تاغلىق رايوندا تۇرغان.

**دەيدۇ پەرۋەردىگار.**

**[5] بۇلاڭچىلار قېشىڭغا كەلسىمۇ،**

**ئوغرىلار كېچىلەپ يېنىڭغا كىرسىمۇ،**

**(ھەي، شۇنچە ئۇزۇپ تاشلىنىسەن!)**

**ئۇلار ئۆزلىرىگە چۇشلۇقلا ئوغرىلايتتى ئەمەسمۇ؟**

**ئۈزۈم ئۈزگۈچىلەر يېنىڭغا كەلسىمۇ، ئازراق ۋاساڭلارنى قالدۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟**

**[6] ئىراق ئەساۋنىڭ تەئەللۇقاتى قانداق ئاختۇرۇلدى!**

**ئۇنىڭ يوشۇرۇن بايلىقلىرى قانداق تېپىپ چىقىلدى!**

**[7] بارلىق ئىتتىپاقداشلىرىڭ سېنى چېگرايىڭغىچە ھەيدىۋېتىدۇ؛**

**سەن بىلەن ئىناق ئۆتكەنلەر سېنى ئالداپ، ئۈستۈڭدىن غەلىبە قىلىدۇ؛**

**نېنىڭنى يېگەنلەر ساڭا قىلتاق قۇرىدۇ؛**

**سەن دەرۋەقە يورۇتۇلمىغاندۇرسەن!**

---

**4:1** يەر. 16:49

**5:1** **«ھەي، شۇنچە ئۇزۇپ تاشلىنىسەن!»** ــ تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر، بەلكىم پەيغەمبەرنىڭ ھاياجاندىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ دېگەن گېپىدۇر. **«ئۈزۈم ئۈزگۈچىلەر يېنىڭغا كەلسىمۇ، ئازراق ۋاساڭلارنى قالدۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئۈزۈم ھوسۇلىنى ئالغاندا ئۈزگۈچىلەر كەمبەغەللەرنىڭ تېرىۋېلىشى ئۈچۈن بىرئاز ۋاساڭلارنى قالدۇرۇش كېرەك ئىدى. بەزى شەرقىي دۆلەتلەردە بۇ بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

**5:1** يەر. 9:49

**6:1** **«... ئەساۋنىڭ تەئەللۇقاتى قانداق ئاختۇرۇلدى!»** ــ «ئەساۋ» ئېدومنىڭ باشقا بىر ئىسمى. **«... ئۇنىڭ يوشۇرۇن بايلىقلىرى قانداق تېپىپ چىقىلدى!...»** ــ 5-6-ئايەتلەر «مەرسىيە» (ماتەم تۇتۇش مۇناجىتى) شەكلىدە.

**7:1** **«سېنى... ھەيدىۋېتىدۇ؛ ... ئۈستۈڭدىن غەلىبە قىلىدۇ؛ ... ساڭا قىلتاق قۇرىدۇ...»** ــ 5-7-ئايەتلەردە ئېيتىلغان بېشارەتلەردىكى پېئىللار «ئۆتكەن زامان» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار كەلگۈسى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ (8-ئايەتتە ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ). ئىبرانىي تىلىدا، بېشارەتلەردە پېئىللارنىڭ «ئۆتكەن زامان»دا ئىشلىتىشى «بۇ ئىش جەزمەن يۈز بېرىدۇ» دېگەننى تەكىتلەيدۇ. **«... سەن بىلەن ئىناق ئۆتكەنلەر سېنى ئالداپ، ئۈستۈڭدىن غەلىبە قىلىدۇ؛ نېنىڭنى يېگەنلەر ساڭا قىلتاق قۇرىدۇ»** ــ بۇ ئايەت بەلكىم ئەرەبلەرنىڭ ئېدومىيلارنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز زېمىنىدىن ھەيدىۋېتىشى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ (ۋەقە بەلكىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بولغان). ئىبرانىي تىلىنى چۈشىنىش تەس.

8 مەن شۇ كۈنى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
ئېدومدىن دانىشمەنلەرنى،
ئەساۋدىن ئەقىل-پاراسەتنى يوقاتمامدىمەن؟
9 شۇنىڭ بىلەن پالۋانلىرىڭ پاراكەندە بولىدۇ، ئى تېمان،
شۇنىڭ بىلەن ئەساۋنىڭ تېغىدىكى ھەربىر ئادەم قىرغىنچىلىقتا
قەتل قىلىنىدۇ.

## ئېدومنىڭ بەربات بولۇشىنىڭ سەۋەبى

10 ئۇكاڭ ياقۇپقا قىلغان زۇلۇم-زوراۋانلىقىڭ تۈپەيلىدىن،
ئىزا-ئاھانەت سېنى قاپلايدۇ؛
سەن مەڭگۈگە ئۈزۈپ تاشلىنىسەن.
11 سەن بىر چەتتە پەرۋاسىز قاراپ تۇرغان كۈنى،
يەنى ياقا يۇرتتىكىلەر بۇرادىرىڭنىڭ مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەن كۈنى،
تائىپىلەر ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىپ يېرۇسالېمغا چەك
تاشلىغان كۈنى،

---

—بېشارەت كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى كۆرسەتكىنى بىلەن، پەيغەمبەرلەر «ئۆتكەن زامان»دا ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە ئىبرانىي تىلدا بېشارەت «ئۆتكەن زامان»دا ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ جەزمەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

8:1 **«مەن شۇ كۈنى...ئېدومدىن دانىشمەنلەرنى، ئەساۋدىن ئەقىل-پاراسەتنى يوقاتمامدىمەن؟»** ــ «شۇ كۈنى» بەلكىم بابىل ئىمپېرىيەسى ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىدىغان كۈننى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 587-يىلى) ياكى ئەرەبلەر ئۇلارنى ئالداپ ھەيدىۋېتىدىغان كۈننى، يەنە ئاخىرقى زاماندا «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. ئېدوم ئۆز دانىشمەنلىرى بىلەن داڭقى چىققان. ئايۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئۈچ دوستىدىن بىرى بولغان «تېمانلىق ئېلىفاز»مۇ ئېدوملۇق ئىدى.

**8:1** يەش. 14:29؛ يەر. 7:49

9:1 **«شۇنىڭ بىلەن پالۋانلىرىڭ پاراكەندە بولىدۇ، ئى تېمان،...»** ــ «تېمان» ئېدومنىڭ چوڭ بىر شەھىرى.

**9:1** ئام. 14:2، 16

**10:1** يار. 41:27؛ ئەز. 5:35؛ ئام. 11:1

سەن ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسىغا ئوخشاش بولغانسەن.
[12] بىراق قېرىندىشىڭنىڭ ئاپەتلىك كۈنىگە پەرۋاسىز قاراپ
تۇرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى،
يەھۇدانىڭ باللىرىنىڭ ھالاكەت كۈنىدە خۇشال بولۇپ كەتمەسلىكىڭ
كېرەك ئىدى؛
كۈلپەتلىك كۈنىدە ئاغزىڭنى يوغان قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى؛
[13] ئۆز خەلقىمنى ئاپەت باسقان كۈنىدە، ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىغا
كىرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى؛
ئۇلارنى ئاپەت باسقان كۈنىدە ئۇلارنىڭ دەرد-ئەلەمىگە ئېرەنسىز قاراپ
تۇرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى،
ئاپەت باسقان كۈنىدە قولۇڭنى مال-مۈلكىگە سوزماسلىقىڭ كېرەك
ئىدى؛
[14] سەن شەھەردىن قېچىپ قۇتۇلغانلارنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئاچا
يولدا تۇرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى؛
كۈلپەت باسقان كۈنىدە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالغانلارنى دۈشمەنگە
تاپشۇرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى

[15] چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى بارلىق ئەللەر ئۈستىگە چۈشۈشكە
يېقىن قالغاندۇر؛
سېنىڭ باشقىلارغا قىلغىنىڭدەك، ساڭىمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ؛
ساڭا تېگىشلىك جازا ئۆز بېشىڭغا چۈشىدۇ؛
[16] چۈنكى سەن ئۆز مۇقەددەس تېغىمدا غەزىپىمنى ئىچكىنىڭدەك،
بارلىق ئەللەرمۇ شۇنداق توختاۋسىز ئىچىدۇ؛

---

**11:1** زەب. 7:137
**15:1** ئەز. 15:35

بەرھەق، ئۇلار ئىچىدۇ، يۇتىدۇ،
ئاندىن ئۇلار ھېچ مەۋجۇت ئەمەستەك يوقاپ كېتىدۇ.

## ئىسرائىلنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى

17 بىراق زىئون تېغى ئۈستىدە پاناھ-قۇتقۇزۇلۇش بولىدۇ،
تاغ پاك-مۇقەددەس بولىدۇ؛
ياقۇپ جەمەتىنىڭ تەئەللۇقاتلىرى ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ؛
18 ۋە ياقۇپ جەمەتى ئوت، يۈسۈپ جەمەتى يالقۇن،
ئەساۋ جەمەتى ئۇلارغا پاخال بولىدۇ؛
ئوت ۋە يالقۇن ئەساۋ جەمەتى ئىچىدە يېقىلىپ، ئۇلارنى يۇتۇپ كېتىدۇ؛
ئەساۋ جەمەتىدىن ھېچبىرسى قالمايدۇ؛
چۈنكى پەرۋەردىگار شۇنداق سۆز قىلغان.
19 يەھۇدانىڭ جەنۇبىدىكىلەر ئەساۋنىڭ تېغىغا ئىگە بولىدۇ؛
شەفەلاھ تۈزلەڭلىكىدىكىلەر فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىغا ئىگە بولىدۇ،
بەرھەق، ئۇلار ئەفرائىمنىڭ دالاسى ھەم سامارىيەنىڭ دالاسىغا ئىگە بولىدۇ؛

---

16:1 **«چۈنكى سەن ئۆز مۇقەددەس تېغىمدا غەزىپىمنى ئىچكىنىڭدەك»** — ئىبرانىي تىلىدا «چۈنكى سەن ئۆز مۇقەددەس تېغىمدا ئىچكىنىڭدەك...» — چۈشەنچىمىز بويىچە ئېدومىيلار خۇدانىڭ قولىدا ئۇنىڭ غەزىپىنى ئىچكەنىدى.
—باشقا بىرخىل چۈشەنچىسى، ئېدومىيلار يەھۇدا ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ، «خۇدانىڭ مۇقەددەس تېغى»دا شاراب ئىچكەن؛ ۋە ئۇلار (ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمى بويىچە) شۇ گۇناھى ئۈچۈن بارلىق ئەللەر بىلەن تەڭ خۇدانىڭ غەزىپىنى ئىچىدۇ. **«بارلىق ئەللەرمۇ شۇنداق توختاۋسىز ئىچىدۇ؛ بەرھەق، ئۇلار ئىچىدۇ، يۇتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ھېچ مەۋجۇت ئەمەستەك يوقاپ كېتىدۇ»** — ئەللەرنىڭ نېمىنى ئىچىدۇ؟ خۇدانىڭ غەزىپىنى ئىچىدۇ (مەسلەن «زەب.» 8:75، «يەش.» 26:49، «يەر.» 25:15-16، «زەب.» 16:4نىمۇ كۆرۈڭ).

**16:1** زەب. 8:75، 16:4؛ يەش. 26:49؛ يەر. 2-16:15؛ 15:5؛ مات. 39:26، 42؛ يۇھ. 11:18

17:1 **«بىراق زىئون تېغى ئۈستىدە پاناھ-قۇتقۇزۇلۇش بولىدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىراق زىئون تېغىدا قۇتۇلۇپ قالغانلار بولىدۇ».

**بىنيامىن گىلېئادقا ئىگە بولىدۇ؛**
**[20] سۈرگۈن بولغانلاردىن قېلىپ قالغان ئىسرائىللاردىن تەركىب تاپقان**
**بۇ قوشۇن قانائانىدىكىلەرگە تەۋە بولغان زېمىنغا زارەفاتقىچە ئىگە**
**بولىدۇ؛**
**سەفارادتا سۈرگۈندە تۇرغان يېرۇسالېمدىكىلەر بولسا جەنۇبتىكى**
**شەھەرلەرگە ئىگە بولىدۇ.**
**[21] ئاندىن زىئون تېغى ئۈستىگە قۇتقۇزغۇچىلار چىقىدۇ،**
**ئۇلار ئەساۋ تېغى ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدۇ؛**

**شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىق پەرۋەردىگارغا تەۋە بولىدۇ!**

---

19:1 **«يەھۇدانىڭ جەنۇبىدىكىلەر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «نەگەۋدىكىلەر». «نەگەۋ» ــ يەھۇدانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى چوڭ چۆل-باياۋان. **«يەھۇدانىڭ جەنۇبىدىكىلەر ئەساۋنىڭ تېغىغا ئىگە بولىدۇ؛ شەفەلاھ تۈزلەڭلىكىدىكىلەر فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنىغا ئىگە بولىدۇ، .... بىنيامىن گىلېئادقا ئىگە بولىدۇ؛»** ــ 19-ئايەتتىكى بېشارەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ («ماكابىيلار» ھەم «يوسېفۇس» دېگەن كونا تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن). بىراق پىكرىمىزچە، بۇ بېشارەتنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئاخىرقى زاماندا بولىدۇ.
20:1 **«سۈرگۈن بولغانلاردىن قېلىپ قالغان ئىسرائىللاردىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇن...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «قانائانغا قايتىپ كەلگەن، سۈرگۈن بولغان ئىسرائىللار جامائىتى... ».
21:1 **«ئۇلار ئەساۋ تېغى ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدۇ»** ــ ياكى «ئۇلار ئەساۋ تېغى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ». **«شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىق پەرۋەردىگارغا تەۋە بولىدۇ!»** ــ ھازىر «ئەساۋ تېغىدىكىلەر»نىڭ ھېچقايسىسى ئېدوملۇقلار ئەمەس (18-ئايەتنى كۆرۈڭ). بۇ «قۇتقۇزغۇچىلار»نىڭ كىم ئىكەنلىكى دېيىلمىدى؛ پىكرىمىزچە، «قۇتقۇزغۇچىلار» كونا زامانلاردا ئىسرائىلنى قۇتقۇزغان پەيغەمبەرلەر ۋە «باتۇر ھاكىملار» سۈپىتىدە بولىدۇ. ئۇلار ھازىر ئۆلۈمدىن تىرىلگەن. ئىسرائىل خۇدانىڭ تولۇق ئىدارە-ھۆكۈمى ئاستىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي مۇكەممەل بولىدۇ.

# قوشۇمچە سۆز

## «ئوبادىيا»دىن ئالغان مۇھىم ساۋاقلار

يەر يۈزىدە قانچىلىغان ئۇرۇش، جېدەل-ماجىرالار ئېدوملارنىڭكىدەك «دەۋردىن-دەۋرگىچە» داۋاملىشار؟ ــ ھازىر جېدەلنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەلكىم ئەينى چاغدىكى جېدەل بىلەن ئالاقىسى يوق بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىلەر جېدەلنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن. «نېمىشقا سوقۇشىسىلەر؟» دەپ سورىساق، ئۇلار پەقەت: «بىز ئەزەلدىن تارتىپ «ئۇنىڭ-بۇنىڭ»دىن نەپرەتلىنىپ كەلدۇق!» ــ دېگەندىن باشقا جاۋاب تاپالمايدۇ. بۇنى دېيىشىنىڭ ئەسلىدە ھاجىتى بولماسلىقى كېرەك ئىدى، ــ بىراق دېيىش كېرەككى، خۇدا مەلۇم بىر دەۋرگە ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى قويمايدۇ (ئاتا-بوۋىلارنىڭ گۇناھلىرى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قىيىنچىلىق ۋە ئازاب-ئوقۇبەتنى يەتكۈزۈشى مۇمكىن، بىراق بۇ پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش). خۇدا مۇشۇنداق دەپ قارىغانىكەن، ئىنسان بالىلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان ھەرقانداق يولى ياكى ھەرىكىتى بولسا بولمايدۇ. ئىككىنچى دەۋر بىرىنچى دەۋردىكى قەبىھلىكنى داۋاملاشتۇرسا ياكى شۇ قەبىھلىكنى ياخشى دەپ ئاقلىماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭمۇ بۇ ئاداۋەتكە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، ئەلۋەتتە؛ بىراق نۇرغۇن ئەھۋاللاردا ئىككىنچى دەۋرنىڭ بىرىنچى دەۋر قىلغان ئىشلار توغرۇلۇق قىلچە خەۋىرى بولمايدۇ. بىلمەسلىكنىڭ ئۆزى (قەستەن بىلمەس بولۇۋالمىسا) ئەيىب ئەمەس. جېدەل چىقارغۇچى ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە چۈشىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. شۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇكى، شەيتان بۇ دۇنيانى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ بەختىنى يوقىتىدىغان ئۇقۇشماسلىق، ئاداۋەت ۋە نەپرەتلەر بىلەن تولدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئەمدى، چىقىش يولى بارمۇ؟

بىرلا يول بار ــ ئۇ بولسىمۇ، كەچۈرۈش. ئەمەلىيەتتە بولسا خۇدا ئالدىدا ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ باشقا بىر ئىنسانغا ئۆچ-ئاداۋەت تۇتۇش ھوقۇقى يوقتۇر. ئۆزىمىزنىڭ

مەغرۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىكتەك گۇناھلىرىمىز ھەممىگە قادىرنى غەزەپلەندۈرگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر تۇرسا، كاللىمىزدا ئىگىمىزنى رەنجىتىدىغان قىلمىشلىرىمىز توغرۇلۇق ھېچ ئويلىماي تۇرۇپ، باشقا بىر ئىنساننى بىزنى رەنجىتكەن دەپ ئەيىبلەشكە نېمە ھەددىمىز؟ ھەممىگە قادىر خۇدا ئالدىدا بىزلەر نېمە ئىدۇق؟

شۇڭا مەسىھ ئەيسانىڭ تەكىداشسىز تەلىمى بىزگە: «بىزگە گۇناھ قىلغانلارنى كەچۈرۈم قىلغىنىمىزدەك، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىمۇ كەچۈرۈم قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىدۇ؛ چۈنكى: ــ «ئەگەر سىلەر باشقىلارنى كەچۈرۈم قىلمىساڭلار، ئەرشتىكى ئاتاڭلار سىلەرنىمۇ كەچۈرۈم قىلمايدۇ» (ئىنجىل، «ماتتا» 6-باب).

باشقىلارنى كەچۈرۈشنىڭ ئىككى باسقۇچى بار؛ بىرىنچى، خۇدا ئالدىدا كەچۈرۈش؛ ئىككىنچى، ئىنسان تەرىپىدە، ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. بىرىنچىسى بولمىسا بولمايدۇ؛ ئۇنىڭسىز ھەربىر كىشى دوزاخقا كىرىدۇ؛ ئىككىنچىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىش، بىراق ئۇنىڭغا يېتىش تەسكە توختىشى مۇمكىن. «خۇدا ئالدىدا باشقىلارنى كەچۈرۈش» دېگەنلىك، مەندە باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ دوزاخقا كىرىشىنى خالايدىغان ئوي بولماسلىقى كېرەك دېگەنلىكتۇر؛ باشقىچە ئېيتقاندا، بىزگە گۇناھ قىلغان (ياكى «بىزگە گۇناھ قىلدى» دەپ ئويلىغان) كىشىگە ھېچ بولمىغاندا: «ئى خۇدا، ئۇنىڭغا توۋا قىلدىغان قەلب بەرگەيسەن، ئۇنى گۇناھىنىڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلغايسەن ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ گۇناھىمۇ كەچۈرۈم قىلىنسۇن» دېگەندەك دۇئالارنى قىلىش دېگەنلىكتۇر. كەچۈرۈش دېگەن ھەرگىز «ھېچۋەقەسى يوق، بۇ ھېچقانچە گۇناھ ئەمەس» دېگەنلىك ئەمەس. بىرەر يامانلىق بولغاندىن كېيىن، ياراشتۇرۇشنىڭ مۇمكىن بولۇشى ئۈچۈن ئاۋۋال بۇ يامانلىقنى تونۇپ يېتىش، كەچۈرۈم سوراش كېرەك، ئەلۋەتتە؛ پەقەت شۇنداق بولغاندىلا مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ كەچۈرۈشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى. بۇ باسقۇچقىچە بىز گۇناھ قىلغۇچىغا دوست قاتارىدا مۇئامىلە قىلالىشىمىز ناتايىن؛ بىراق بىز ئۇنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەسلىكىمىز زۆرۈر.

ئېدوم ئۇنداق يۈكسەكلىككە يېتەلمىگەنىدى. دەۋردىن-دەۋرگە بولغان مەغرۇرلۇق ئۇنىڭدا كۈچلۈك دەرىجىگە يەتكەنىدى. مەغرۇرلۇق دائىم ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدىغان بىر

ئىش؛ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇلار مۆتىۋەر ئەجدادى ئەساۋنىڭ ياقۇپنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى تونۇشنى رەت قىلىپ كەلگەن.

ئۇلار يەنە ئۆزىنىڭ (ھازىرقى ئىئوردانىيەدىكى) تاغلىق رايونغا جايلاشقان «بۈركۈت ئۇۋىسى»دەك بولغان مۇستەھكەم ئورنىدىن تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن. «ھېچكىم قول سېلىشقا پېتىنالمايدۇ» دېگەندەك ئويلاردا بولۇپ، ئۇلار ئەتراپىدىكى بارلىق ئەللەرنىڭ ھەربىر ئاجىز پەيتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ-تالاڭ، باسقۇنچىلىق قىلىپ يۈرگەن. خۇدانىڭ مۇشۇنداق ئىشلارغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سۇلايمان پادىشاھ بىزگە ئۆگىتىدۇ: «مىسكىننى بوزەك قىلىش — پەرۋەردىگارغا بىھۆرمەتلىك؛
ھاجەتمەنلەرگە شاپائەت قىلىش ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر» («پەند.» 31:14).

ئېدومىيلار مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئاموس ۋە يوئېل تەرىپىدىنمۇ ئەيىبلەنگەن. ئۇلار خۇدا ئالدىدا ئۈچ نۇقتىدا گۇناھلىق دەپ قارالغان: (1) دەۋردىن-دەۋرگە ئۈچ-ئاداۋەت ساقلاش، ھەتتا ئەسلىدە تولىمۇ ئورۇنسىز بولغان نەپرەت-ئاداۋەتنى ساقلاش؛ (2) مەغرۇرلۇق؛ (3) ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، خۇدا ھەزرىتى ئىبراھىم ئۈچۈن تۈزگەن ئەھدە بويىچە، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرىغا لەنەت ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسىگە لەنەت ئوقۇلاتتى («يار.» 3-1:12). ئېدومىيلار خۇدا ئۆزىگە تاللىۋالغان يەھۇدىي خەلقىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن نەپرەتلەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاخىرىدا ئۆز ۋەتەن-زېمىنىدىن ئايرىلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6-4-ئەسىردە ئۇلار ئەرەبلەر تەرىپىدىن «بۈركۈت ئۇۋىسى»دىن ھەيدىۋېتىلىپ، «ئۆلۈك دېڭىز»نىڭ يېنىدىكى قاغجىراق رايوندا ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈندە ئېدوم دېگەن مەملىكەت يەر يۈزىدىكى ئەللەر ئارىسىدا ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتتى (بەلكىم ھازىرقى ئىئوردانىيەدىكى ئەرەبلەر ۋە پەلەستىنلىكلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن)؛ كەلگۈسىدە، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنىمۇ كېلەر دەۋرلەرگە ئاگاھ ۋە ئەسلەتمە سۈپىتىدە قورقۇنچلۇق، ئادەمزاتسىز ئوت-گۈنگۈرت باسىدىغان بىر جايغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. لېكىن بىز بولساق ئوبادىيانىڭ كىچىك كىتابچىسى ئارقىلىق

هازىر ئاگاھلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلالايدىغان ھەم ئىبرەت ئالالايدىغان بولۇپ بىزنى دوزاخ تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلاردىن – مەيلى ئاداۋەت بولسۇن، مەغرۇرلۇق بولسۇن، ھەسەتخورلۇق ياكى ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش بولسۇن - بۇلاردىن توۋا قىلىپ ھايات يولىنى ئىزدىيەلەيدىغان بولىمىز.

## تەۋرات 32-قىسىم

# «يۇنۇس»

# (يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

تەۋراتتىكى «يۇنۇس پەيغەمبەر» دېگەن كىتاب قىسقا بولغىنى بىلەن، بۇ كىتاب خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان سەمىمىي مۇئامىلىلىرى ۋە مېھرى-مۇھەببىتى جەھەتتە چوڭقۇر مەزمۇن ۋە ساۋاقلارغا تولغان شەرەپلىك كىتابتۇر. بىز كېيىنچە كىتابتىكى بىرنەچچە چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە يار بولۇپ، كىتابنىڭ سىرلىرىنى ئاچسىكەن دەپ دۇئا قىلىمىز.

يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ «قاچقۇن پەيغەمبەر» دېگەن نامى بار. بەزى كىشىلەر يۇنۇس پەيغەمبەر يۈرەكسىزلىكىدىن، يەنى زوراۋانلىقتا چوقۇنىدىغان ئەشەددىي ئاسۇرىيەلىكلەردىن قورقۇپ، خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈشتىن باش تارتىپ قاچقان دەپ ئويلايدۇ، ۋە ۋە شۇنداق ئويلاپ ئۇنى پەقەت چۈشەنمەيدۇ. بىز كىتابنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنداق قاراشنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ؛ ھەمدە ئەكسىچە، يۇنۇسنىڭ ئادەم ھەم پەيغەمبەر سۈپىتىدىكى ئۇلۇغ بىر زات ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

كىتابنىڭ زادى قايسى ۋاقىتتا يېزىلغانلىقى نامەلۇم. بىراق يۇنۇس پەيغەمبەر ئىسرائىلنىڭ شىمالىي پادىشاھلىقىدىكى يەرەبوئام (II) پادىشاھ بولغان مەزگىلدە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 793-753-يىللاردا) پەيغەمبەرلىك قىلغان، دەپ قارايمىز. ئۇنىڭ بىر بېشارىتى تەۋراتتىكى «پادىشاھلار (2)» 14-بابتا خاتىرىلىنىدۇ. تەۋراتتىكى ئۇشبۇ قىسىمدا بولسا ئۇنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى نىنەۋە شەھىرىگە ئەۋەتىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

«يۇنۇس» دېگەن كىتابنى تەھلىل قىلىشتىن ئاۋۋال، «ئاسۇرىيلەر» توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئارخېئولوگلارنىڭ تاپقانلىرىدىن، قېزىپ چىقارغان قەدىمكى تاش پۈتۈكلەردىن ۋە يادنامىلاردىن بىلىمىزكى، ئاسۇرىيەلىكلەر ئىنتايىن خۇراپىي بىر مىللەت ئىدى؛ ئۇلار بىرنەچچە خىل بۇتلارغا چوقۇنغان؛ ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئۇلارنى زوراۋانلىققا، رەھىمسىزلىككە ۋە ھوقۇققىلا چوقۇنغان دېگىلى بولىدۇ. ئۇلار دۈشمەنلىرىمىزنى قانچە ئەشەددىيلىك بىلەن بىتچىت قىلساق، ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ قانچە ۋەھشىي قىيىن-قىستاققا ئالساق، كەلگۈسىدە ئۇرۇش قىلىش كۈچىمىز شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ، دەپ ئىشەنگەن. تۆۋەندىكى بىرنەچچە سۆز يۇنۇس پەيغەمبەردىن 50 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئاسۇرىيەنىڭ «ئاشۇر-بانىپال» ئىسىملىك بىر پادىشاھىنىڭ يىلنامىسىدىن ئېلىنغان: —

«مەن تېلا دېگەن شەھەرگە يېقىنلاشتىم... بۇ شەھەر ئىنتايىن پۇختا بولۇپ، ئۈچ سېپىل بىلەن قورشالغان. شەھەردىكىلەر بۇ سېپىللىرىغا ئىشىنىپ، مەن بىلەن سۈلھ تۈزۈپ، پۇتلىرىمنى قۇچاقلاشنى رەت قىلدى. مەن قاتتىق ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۈچ مىڭىنى قىلىچلاتتىم؛ ئولجىلارنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئۆي جابدۇقلىرىنى ۋە كالا-قويلىرىنى ئېلىپ كەتتىم....

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئالغان ئەسىرلەردىن بەزىلىرىنى مەن ئوتقا تاشلىۋەتتىم... بەزىلىرىنىڭ بۇرنىنى، قۇلاقلىرىنى، بارماقلىرىنى كېسىۋەتتىم... نۇرغۇنلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋەتتىم. مەن تىرىك قالغانلاردىن بىر تۈۋرۈك، ئۈلۈكلەرنىڭ باشلىرىدىن

يەنە بىر تۇۋرۇك ياسىدىم؛ ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن نۇرغۇنلىرىنى شەھەردىكى ياغاچلارغا قىقىپ بېكىتتىم؛ ياش قىز-يىگىتلەرنى ئوت بىلەن قىيىن-قىستاق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم؛ ئاخىردا شەھەرنى ۋەيران قىلىپ ئەتراپلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتىم...».

مانا بۇ يۇنۇس ئەۋەتىلمەكچى بولغان شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى. ئەمدى يۇنۇس نېمىشقا قاچقانلىقىنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزى كىتابنى ئوقۇغىنىدا ئويلىنىپ كۆرسۇن. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەم «يۇنۇس»نىڭ باشقا مۇھىم نۇقتىلىرى ھەم سورىغان سوئاللىرى توغرىسىدا كىتابنىڭ قوشۇمچىسىدە ئازراق مۇزاكىرىلىشىمىز. ئەمدى «يۇنۇس پەيغەمبەر» دېگەن كىتابنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى!

## مەزمۇن: –

1-باب – يۇنۇس نىنەۋەگە ئەۋەتىلىدۇ، بىراق قېچىپ كېتىدۇ.
2-باب – يۇنۇسنى چوڭ بىلىق يۇتۇۋالىدۇ. يۇنۇسنىڭ دۇئاسى
3-باب – يۇنۇس نىنەۋەگە بارىدۇ. ئۇ خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ. خالايىق توۋا قىلىدۇ.
4-باب – يۇنۇس نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. خۇدا ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋاب-ساۋاق.

ئىزاھات: – تېكىستتە «سۇس» قىلىنغان سۆزلەر (مەسىلەن، «سۆزلەر») ئەينى ئىبرانىي تېكىستتە يوق، پەقەتلا ئۇيغۇرچە تېكىستىمىز راۋانراق بولسۇن دەپ تەرجىمانلار تەرىپىدىن قوشۇلغان سۆزلەردۇر.

ئىزاھات: – يەنە تەكرارلايمىزكى، كىرىش سۆز، ماۋزۇ ۋە ئىزاھاتلار ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن تەرجىمان تەرىپىدىن بېرىلدى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەسلىي تېكىست-ئايەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس.

# يۇنۇس

## يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ پەرۋەردىگار بەرگەن ۋەزىپىدىن قېچىشى

1 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئامىتتاينىڭ ئوغلى يۇنۇسقا يېتىپ
كېلىپ مۇنداق دېگەندە: — [2] «ئورنۇڭدىن تۇر، دەرھال نىنەۋە دېگەن
ئاشۇ بۈيۈك شەھەرگە بېرىپ، ئاۋازىڭنى كۆتۈرۈپ ئۇ يەردىكىلەرنى
ئاگاھلاندۇرغىن؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرى مېنىڭ كۆزۈمگە
قادىلىپ تۇرىدۇ».
[3] بىراق يۇنۇس ئورنىدىن تۇرۇپ پەرۋەردىگارنىڭ يۈزىدىن ئۆزىنى
قاچۇرۇش ئۈچۈن تارشىش دېگەن يۇرتقا كەتمەكچى بولدى. شۇڭا ئۇ
يوپپا شەھىرىگە بېرىپ، تارشىشقا بارىدىغان كېمە تېپىپ، كىراسىنى
تۆلەپ ئۇنىڭغا چۈشتى ۋە كېمىچىلەر بىلەن بىرلىكتە تارشىشقا
بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ يۈزىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولدى.
[4] پەرۋەردىگار بولسا زور بىر بوراننى دېڭىزغا تاشلىدى؛ شۇڭا دېڭىزدا
دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ، كېمە پارچىلىنىپ كەتكىلى تاس
قالدى. [5] كېمىچىلەر بولسا بەك قورقۇپ كېتىپ، ھەرقايسىسى ئۆز
ئىلاھلىرىغا خىتاب قىلىپ دۇئا قىلىشتى؛ ئۇلار كېمىنى يېنىكلىسۇن
دەپ ئۇنىڭدىكى يۈك-تاقلارنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتى. بىراق يۇنۇس
بولسا، كېمىنىڭ ئاستى قەۋىتىگە چۈشۈۋېلىپ، شۇ يەردە ئۇلۇغ كەتەك
ئۇخلاۋاتقانىدى.

---

**2:1** يار. 10:12،11؛ يۈن. 3:3

**3:1 «تارشىش»** - قەدىمكى زامانلاردا «تارشىش» دەيدىغان ئۈچ يۇرت بار ئىدى. بىرىنچىسى، شىمالىي ئافرىقىدا (ھازىرقى ماراكەش ئەتراپىدا)؛ ئىككىنچىسى ئىسپانىيە، ئۈچىنچىسى ئەنگلىيە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇ يەردە قايسى تارشىش ئىكەنلىكىنى بىز بىلمەيمىز. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەلەستىندىن ئىنتايىن يىراق، نىنەۋەگە بارىدىغان يولنىڭ ئەكسى يۆنىلىشىدە بولۇپ بىرنەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. **«يوپپا»** - «يوپپا»نىڭ ھازىرقى ئىسمى «خايفا» ياكى «جاففا»، ئىسرائىلىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم پورتىدۇر.

[6]كېمە باشلىقى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئەي، ئۇخلاۋاتقان
كىشى، بۇ قانداق قىلغىنىڭ؟ ئورنۇڭدىن تۇر، ئىلاھىڭنى سېغىنىپ
نىدا قىل! كىم بىلىدۇ، ئىلاھىڭنىڭ نەزىرى چۈشۈپ بىزنى ھالاكەتتىن
قۇتقۇزۇپ قالامدۇ تېخى؟» ــ دېدى. [7]ئۇلار بىر-بىرىگە: ــ كېلىڭلار، بۇ
كۈلپەتنىڭ كىمنىڭ ۋەجىدىن بېشىمىزغا چۈشكەنلىكىنى بىكىتىش
ئۈچۈن چەك تاشلايلى، ــ دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار چەك
تاشلاشتى؛ ئاخىردا چەكتە يۇنۇس چىقىپ قالدى.
[8]ئۇلار ئۇنىڭدىن: ــ قېنى، ئېيت، بېشىمىزغا چۈشكەن بۇ كۈلپەت
كىمنىڭ سەۋەبىدىن بولۇۋاتىدۇ؟ سېنىڭ تىرىكچىلىكىڭ نېمە؟
نەدىن كەلدىڭ؟ قايسى ئەل، قايسى مىللەتتىن سەن؟ ــ دەپ سورىدى.
[9] ئۇ ئۇلارغا: ــ مەن بولسام ئىبرانىي مىللىتىدىن، ئەرشلەردىكى
خۇدادىن، يەنى دېڭىزنى، يەر-زېمىننى ياراتقان پەرۋەردىگاردىن
قورققۇچىمەن، دېدى.
[10]بۇ سۆز ئۇلارنى ئىنتايىن قورقۇتۇۋەتتى. ئۇلار: «سەن زادى نېمە
ئىش قىلغان؟» ــ دەپ سورىدى (چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ
يۈزىدىن قاچقانلىقىنى بىلگەنىدى، چۈنكى ئۇلار بۇنى ئۇنىڭ ئۆز
ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدى).
[11] ئۇلار ئۇنىڭدىن: ــ ئەمدى بىز سېنى قانداق قىلساق دېڭىز
بىز ئۈچۈن تىنچلىنىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى؛ چۈنكى دېڭىز دولقۇنى
بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.
[12] ئۇ ئۇلارغا: ــ مېنى كۆتۈرۈپ دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار، شۇ چاغدا
دېڭىز سىلەر ئۈچۈن تىنچلىنىدۇ؛ چۈنكى بىلىمەنكى، بۇ زور بوران
مېنىڭ سەۋەبىمدىن سىلەرگە چۈشتى، ــ دېدى.
[13]بىراق بۇ ئادەملەر كۈچەپ پالاق ئۇرۇپ قىرغاققا يېتىشكە تىرىشتى؛
ئەمما يېتەلمىدى، چۈنكى دېڭىز قېرىشقاندەك تېخىمۇ دولقۇنلاپ
كېتىۋاتاتتى. [14]ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىپ پەرياد كۆتۈرۈپ:

---

9:1 **«ئىبرانىي مىللىتىدىن»** ــ يەنى يەھۇدىي مىللىتىدىن.

– ئاھ پەرۋەردىگار، سەندىن ئۆتۈنىمىز، بۇ ئادەمنىڭ جېنىنى
ئالغانلىقىمىزنى بىزدىن كۆرمىگەيسەن! بىگۇناھ بىر ئادەمنىڭ
قېنىنى تۆكۈشنىڭ گۇناھىنى ئۈستىمىزگە قويمىغايسەن! چۈنكى
سەن پەرۋەردىگار ئۆزۈڭنىڭ خالىغىنىڭنى قىلدىڭ! – دەپ نىدا قىلدى.
15 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇنۇسنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتى؛
دېڭىز دولقۇنلىنىشتىن شۇئان توختىدى. 16 شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەملەر
پەرۋەردىگاردىن قاتتىق قورقتى؛ ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق
قىلىپ قەسەم ئىچىشتى.
17 بىراق پەرۋەردىگار يۇنۇسنى يۇتۇۋېلىشقا يوغان بىر بېلىقنى
ئەۋەتكەندى. يۇنۇس بولسا بۇ بېلىقنىڭ قارنىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز
تۇردى.

## چوڭ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىش

2 1 يۇنۇس بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ پەرۋەردىگارغا مۇنداق دۇئا
قىلدى: –
2 «مەن دەرد-ئەلەممدىن پەرۋەردىگارغا پەرياد كۆتۈردۈم،
ئۇ ماڭا ئىجابەت قىلدى.
مەن تەھتىسارانىڭ تەكتىدىن پەرياد قىلدىم،
سەن ئاۋازىمغا قۇلاق سالدىڭ.
3 چۈنكى سەن مېنى دېڭىز تەكتىگە، دېڭىز قارنىغا تاشلىۋەتتىڭ،

---

17:1 **«يوغان بىر بېلىق»** - «يۇنۇس بېلىقى» بەلكىم بۇ ئىشتىن قويۇلغان نامدۇر. بىراق «يۇنۇس بېلىقى» (ئىنسانلارغا ئامراق بولغىنى بىلەن) ئادەمنى يۇتقۇدەك چوڭلۇقتا يوق.

**17:1** مات. 12:40؛ 16:4؛ لۇقا 11:30

2:2 **«تەھتىسارا»** — (ئىبرانىي تىلىدا «شېئول») «يەر ئاستىدىكى ساراي» (يەنى، «تەكت سارايى»)، ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان، قىيامەت كۈنىنى كۈتىدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ. يۇنۇس ئۆزىنى ئۆلۈپ، تەھتىساراغا چۈشكەندەك ھېس قىلىدۇ. يەنە بىر مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇ بېلىق قارنىدا ھەقىقەتەن ئۆلگەن، ئاندىن خۇدا ئۇنى (بېلىقنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا) تىرىلدۈرگەن.

**2:2** زەب. 120:1

كەلكۈن ئېقىنلىرى مېنى ئارىسىغا ئېلىۋالدى،
سېنىڭ بارلىق دولقۇنلىرىڭ ھەم ئۆركەشلىرىڭ ئۈستۈمدىن ئۆتۈپ كەتتى؛
4 ۋە مەن: «مەن نەزىرىڭدىن تاشلىۋېتىلگەنمەن؛
بىراق مەن يەنىلا مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭغا قاراپ ئۈمىد بىلەن تەلمۈرىمەن» ــ دېدىم.
5 سۇلار مېنى يۇتۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئورىۋالدى،
دېڭىز تەكتى مېنى قاپسىۋالدى؛
دېڭىز چۆپلىرى بېشىمغا چىرمىشىۋالدى.
6 مەن تاغلارنىڭ تەگلىرىگىچە چۈشۈپ كەتتىم؛
يەر-زېمىن تېگىدىكى تاقاقلار مېنى ئەبەدىلئەبەدكىچە قاماپ قويدى؛
ھالبۇكى، سەن جېنىمنى ھاڭ ئىچىدىن چىقاردىڭ، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم.
7 جېنىم ئىچىمدە ھالىدىن كەتكەندە پەرۋەردىگارنى ئېسىمگە كەلتۈردۈم،
دۇئايىم ساڭا يېتىپ،
مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭغا كىرىپ كەلدى.
8 بىمەنە ئەرزىمەس بۇتلارغا چوقۇنغانلار ئۆزىگە نېسىپ بولغان مېھرىبانلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ.
9 بىراق مەن بولسام تەشەككۇر سادايىم بىلەن ساڭا قۇربانلىق قىلىمەن؛
مەن ئىچكەن قەسەملىرىمنى سېنىڭ ئالدىڭدا ئادا قىلىمەن.
نىجات-قۇتقۇزۇش پەرۋەردىگاردىندۇر!»

---

**3:2** زەب. 7:42

**4:2 «بىراق مەن ... تەلمۈرىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەن قانداقمۇ مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭغا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرەپ قارايمەن؟».

**8:2** ئەب. 6:31

**9:2** زەب. 3:8؛ 14:50، 23؛ 17:116؛ ھوش. 3:14؛ ئىبر. 15:13

[10] پەرۋەردىگار بېلىققا بۇيرۇدى، بېلىق يۇنۇسنى قۇرۇقلۇققا قەي
قىلدى.

## نىنەۋە شەھرىگە بېرىپ خۇدانىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈش

3 [1] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئىككىنچى قېتىم يۇنۇسقا يېتىپ مۇنداق
دېگەندە:
[2] «ئورنىڭدىن تۇر، نىنەۋە دېگەن ئاشۇ بۈيۈك شەھەرگە بېرىپ، مەن
ساڭا تاپشۇرغان خەۋەرنى ئۇلارغا جاكارلا».
[3] يۇنۇس ئورنىدىن تۇرۇپ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بويىچە نىنەۋە
شەھىرىگە باردى. نىنەۋە بولسا ناھايىتى بۈيۈك بىر شەھەر بولۇپ،
شەھەرنىڭ ئۆزىلا ئۈچ كۈنلۈك يول ئىدى.
[4] يۇنۇس شەھەر ئىچىگە كىرىپ بىر كۈن ماڭدى، ئۇ:
قىرىق كۈندىن كېيىن، نىنەۋە شەھىرى ۋەيران قىلىنىدۇ! ــ دەپ
جاكارلىدى.
[5] نىنەۋەدىكىلەر خۇدانىڭ سۆزىگە ئىشەندى. ئۇلار روزا تۇتۇلسۇن دەپ
ئېلان قىلىپ، مۆتىۋەرلەردىن تارتىپ ئەڭ كىچىككىچە ئۇلارنىڭ
ھەممىسى بۆز كىيىم كىيدى. [6] بۇ سۆز پادىشاھقا يەتكەندە، ئۇمۇ
تەختىدىن تۇرۇپ، تونىنى تاشلاپ بۆز كىيىم كىيىپ كۈللۈككە كىرىپ
ئولتۇردى. [7] ئۇ يەنە ئەمرى ئارقىلىق پۈتكۈل نىنەۋە شەھرىگە

3:3 **«ئۈچ كۈنلۈك يول»** ــ بەلكىم شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۈچ كۈن مېڭىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى نىنەۋە شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ئىككى مىليون ئەتراپىدا ئىدى. بەزى ئالىملار «ئۈچ كۈنلۈك يول» دېگەننى شەھەرنى ئايلىنىشقا ئۈچ كۈن كېتىدۇ دەپ قارايدۇ.
3:5 **«بۆز كىيىم كىيىش»** ــ قەدىمكى زامانلاردا ئادەمنىڭ قاتتىق توۋا قىلىشىنى بىلدۈرەتتى.
3:5 مات. 41:12؛ لۇقا 32:11
3:6 **«كۈللۈك»** ــ قەدىمكى زامانلاردا توۋا قىلىش ياكى قاتتىق قايغۇنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئادەملەر كۈل دۆۋىسىدە ئولتۇراتتى. قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا ئادەتتە چوڭ بىر «كۈل دۆۋىسى» بولاتتى، نىنەۋە شەھرىدە مۇنداق كۈللۈكلەر كۆپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

مۇنۇلارنى جاكارلىدى: ــ «پادىشاھ ھەم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يارلىقى
بويىچە، نىنەۋە شەھىرىدىكى ھېچقانداق ئادەم، ئات-ئۇلاغ، كالا، قوي
پادىلىرى ھېچنەرسىگە ئېغىز تەگمىسۇن؛ ھېچنەرسىنى يېمىسۇن،
سۇمۇ ئىچمىسۇن. 8 ھەربىر ئادەم ۋە ھايۋان بۆز كىيسۇن، ھەربىرى
خۇداغا قاتتىق پەرياد كۆتۈرسۇن؛ ھەربىرى يامان يولدىن يانسۇن،
ھەربىرى قولىنى زوراۋانلىقتىن ئۈزسۇن؛ 9 كىم بىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن
خۇدا قاتتىق غەزىپىدىن يېنىپ بىزنى ھالاك قىلماسمىكىن؟».
10 شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى، يەنى يامان يوللاردىن
يانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قاراتقان بالايىقازانى چۈشۈرۈشتىن
يېنىپ، شۇ بالىياقازانى چۈشۈرمىدى.

## پەرۋەردىگار يۇنۇس پەيغەمبەرگە بەرگەن تەربىيە ــ ساۋاق

4 1 ئەمما بۇ ئىش يۇنۇسنى ئىنتايىن نارازى قىلىپ، ئۇنى قاتتىق
غەزەپلەندۈردى. 2 ئۇ پەرۋەردىگارغا: ــ «ئاھ، پەرۋەردىگار،
ئۆز يۇرتۇمدىكى چاغدا سېنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭنى
دېمىگەنمىدىم؟ شۇڭا مەن ئەسلىدە تارشىشقا قاچماقچى بولغانمەن؛
چۈنكى مەن بىلىمەنكى، سەن مېھىر-شەپقەتلىك، رەھىمدىل، ئاسان
غەزەپلەنمەيدىغان، چوڭقۇر مېھرىبانلىققا تولغان، كىشىلەرنىڭ
بېشىغا كۆلپەت چۈشۈرۈشتىن يانغۇچى خۇدادۇرسەن. 3 ئەمدى
پەرۋەردىگار، جېنىمنى مەندىن ئېلىپ كەت، ئۆلۈم مەن ئۈچۈن
ياشاشتىن ئەۋزەل» ــ دېدى.
4 پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىن: ــ بۇنداق ئاچچىقلانغىنىڭ توغرىمۇ؟ ــ دەپ
سورىدى.
5 ئاندىن كېيىن يۇنۇس شەھەردىن چىقىپ، شەھەرنىڭ شەرقىي
تەرىپىگە بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ شۇ يەردە ئۆزىگە بىر چەللە ياساپ،

---

**9:3** يو. 14:2

**2:4** مىس. 6:34؛ زەب. 5:86؛ يو. 13:2

شەھەردە زادى نېمە ئىشلار بولاركىن دەپ ئۇنىڭ سايىسىدە ئولتۇردى.
[6] پەرۋەردىگار خۇدا يۇنۇسنى ئۆز پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتقۇزۇش
ئۈچۈن، ئۇنىڭ بېشىغا سايە چۈشسۇن دەپ ئۇنىڭغا بىر كىچىك
دەرەخنى ئۆستۈرۈپ تەييارلىدى. يۇنۇس كىچىك دەرەختىن ئىنتايىن
خۇرسەن بولدى. [7]بىراق ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا خۇدا بىر قۇرتنى
تەييارلاپ ئەۋەتتى. قۇرت بۇ كىچىك دەرەخنى پىلىككە زەربە قىلىپ
ئۇنى قۇرۇتۇۋەتتى. [8]كۈن قىزارغاندا، خۇدا ئىنتايىن ئىسسىق بىر شەرق
شامىلىنى تەييارلىدى؛ كۈن تەپتىنى يۇنۇسنىڭ بېشىغا چۈشۈردى،
ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەپ: — ئۆلۈم مەن ئۈچۈن
ياشاشتىن ئەۋزەل، — دېدى.
[9]بىراق خۇدا ئۇنىڭدىن: — سېنىڭ ئاشۇ كىچىك دەرەخ سەۋەبىدىن
شۇنداق ئاچچىقلىنىشىڭ توغرىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئۇ جاۋاب بېرىپ: — ھەئە، ھەتتا ئۆلگۈدەك ئاچچىقىم كەلگىنى
توغرىدۇر، — دېدى.
[10]پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: — «سەن ھېچ ئەجرىڭنى
سىڭدۈرمىگەن ھەم ئۆزۈڭ ئۆستۈرمىگەن بۇ كىچىك دەرەخكە
ئىچىڭنى ئاغرىتتىڭ؛ بىراق ئۇ بىر كېچىدىلا ئۆزى ئۆسۈپ، بىر
كېچىدىلا قۇرۇپ كەتتى؛ [11]ئەمدى مېنىڭ ئوڭ قولى بىلەن سول
قولىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان يۈز يىگىرمە مىڭ ئادەم ئولتۇراقلاشقان،
شۇنداقلا نۇرغۇن مال-ۋارانلىرىمۇ بولغان نىنەۋەدەك بۇنداق بۈيۈك
شەھەردىكىلەرگە ئىچىمنى ئاغرىتىپ رەھىم قىلىشىمغا توغرا
كەلمەمدۇ؟».

---

9:4 **«ھەتتا ئۆلگۈدەك ئاچچىقىم كەلگىنى توغرىدۇر»** — بۇنىڭ باشقا بىرخىل چۈشەنچىسى: «بۇ دۇنيادىن كەتكۈچە ئاچچىقلىنىشىم توغرىدۇر». ھېچ بولمىغاندا بۇ ئىبارە يۇنۇسنىڭ ئاچچىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولمايدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ.ۋنى

11:4 **«ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان يۈز يىگىرمە مىڭ ئادەم»** - كىچىك باللارنى كۆرسەتسە كېرەك.

# قوشۇمچە سۆز

يۇنۇسنىڭ ئاسۇرىيەلىكلەرگە ۋەز ئېيتىش ۋەزىپىسىدىن قېچىپ كېتىشىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، يەنىلا ئۇلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكى ھەم ئۇلارنىڭ يۇنۇسنىڭ ئۆز يۇرتداشلىرى بولغان ئىسرائىللار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئازراق سۆزلىگىنىمىز تۈزۈك.

بىز كىرىش سۆزدە ئاسۇرىيەلىكلەرنىڭ پادىشاھى «ئاشۇربانىپال»نىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئازراق تونۇشتۇردۇق. پادىشاھنىڭ رەھىمسىزلىكى كېيىنكى پادىشاھلار ئۈچۈن مۇقىم «ئىستېلا قىلىش ئۈلگىسى» بولۇپ قالغان. يۇنۇسنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ «كۈچ ئىگىسى» ۋە يەنە كېلىپ، «خۇداسىزلىقنىڭ دەل ئۆزى» دەپ ھېسابلىغىلى بولاتتى. ئىسرائىللار ئالىبۇرۇن ئۇلارغا ئېغىر سېلىقلارنى تاپشۇرغۇچى بولۇپ قالغانىدى. يۇنۇس يەنە ئۇنىڭدىن 600 يىل ئىلگىرى بالائىم ئىسىملىك بىر پەيغەمبەرنىڭ ئاسۇرىيەنىڭ قورقۇنچلۇق بىر ئەل بولۇشى توغرۇلۇق بىر بېشارەتنى قىلغىنىنىمۇ بىلەتتى ئاموس پەيغەمبەرمۇ ئاسۇرىيەنىڭ تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتقانىدى («ئاموس» 11:3-15، 1:6، 14:6-15نى كۆرۈڭ؛ ئاموس پەيغەمبەر قەستەن بىۋاستە ئاسۇرىيەنىڭ ئىسمىنى كۆرسەتمەيدۇ). يۇنۇسنىڭ دەۋرىدە، ئاسۇرىيەلىكلەر يۇنۇس ۋە ئۇنىڭ يۇرتداشلىرىنى ئېزىشكە، ئۇلارغا تاجاۋۇزلۇق قىلىشقا باشلىغان. شۇڭا يۇنۇستا ھەم يۇرتداشلىرىدا، كەلگۈسىدە ئۆزلىرىگە بەلكىم دۈشمەن بولىدىغان بۇ ئىمپېرىيەگە ۋە مىللەتكە ئۆچمەنلىك ھەم ئۇلاردىن بىرخىل قورقۇنچ شەكىللىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇنۇسنىڭ خۇدانىڭ ئۆزىگە چۈشۈرگەن بۇ ئىمپېرىيەدىكىلەرگە ۋەز ئېيتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا بولغان ھەيرانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس!

گەرچە يۇنۇس ئۇلارغا يەتكۈزىدىغان «قىرىق كۈندىن كېيىن، نىنەۋە ۋەيران بولىدۇ!» دېگەن خەۋەردە ھېچقانداق ئۈمىد كۆرۈنمىگەن بولسىمۇ، ئۇ خۇدانىڭ خاراكتېرىنى ئوبدان بىلەتتى. دېمەك، خۇدا ئىنسانغا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ياكى قىلمىش-ئەتمىشلىرى توغرۇلۇق سۆز قىلغاندا، بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇلارغا قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسەتمەي قويمايدۇ. بۇ نۇقتا 4-باب، 1-2-ئايەتتە بىزگە ئېنىق كۆرۈنىدۇ: -

«ئەمدى بۇ ئىشتىن يۇنۇس ئىنتايىن نارازى بولۇپ، غەزەپلەندى. ئاھ، پەرۋەردىگار، ئۆز يۇرتۇمدىكى چاغدا سېنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭنى دېمىگەنمىدىم؟ شۇڭا مەن ئەسلىدە تارشىشقا قاچماقچى بولغانمەن؛ چۈنكى مەن بىلىمەنكى، سەن مېھىر-شەپقەتلىك، رەھىمدىل، ئاسان غەزەپلەنمەيدىغان، چوڭقۇر مېھرىبانلىقتا تولغان، كىشىلەرنىڭ بېشىغا كۆلپەت چۈشۈرۈشتىن يانغۇچى خۇدادۇرسەن».

يۇنۇسنىڭ بۇ سۆزى، شۈبھىسىزكى، بۇ پۈتۈن كىتابنى چۈشىنىشكە ئاچقۇچ بولىدۇ. يۇنۇس خۇدانىڭ كەچۈرۈم قىلىدىغان، مېھىر-مۇھەببەتلىك خۇدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن؛ بىراق ئۇ خۇدانىڭ ئاسۇرىيەلىكلەرنى كەچۈرۈم قىلىشى، ئۇلارغا مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇشىنى خالىمايتتى. ئەكسىچە، ئۇ بۇ ئۆز ۋەتىنىگە تەھدىت بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «يىرگىنچلىك بۇتپەرەس»، زالىم بۇ قوۋمنى خۇدانىڭ ھالاك قىلىۋېتىشىنى خالايتتى.

شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس خۇدانىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمەي ئاسۇرىيەگە ئەمەس، بەلكى «پەرۋەردىگارنىڭ يۈزىدىن قېچىش ئۈچۈن تارشىش دېگەن يىراق يۇرتقا بارماقچى ئىدى». بۇنى ئوقۇغىنىمىزدا ھەيران قالمايمىز. ئۇنىڭ قېچىش سەۋەبى ئاسۇرىيەلىكلەرنىڭ ئۇنىڭ خەۋىرىنى قوبۇل قىلماي، مازاق قىلىپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بۇ خەۋەرنى قوبۇل قىلىپ، توۋا قىلىپ قېلىشىدىن قورققان. ئۇلار توۋا قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا خۇدا ئۇلارنى چوقۇم كەچۈرۈم قىلاتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى.

بىز ئاسۇرىيەدىكىلەر توغرىسىدا يۇقىرىدا ئازراق خەۋەردار بولدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇنۇسنىڭ «قاچقانلىق»ىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىشەنچ-ئېتىقادىغا ھەيران قېلىشىمىز كېرەك. بۇتپەرەسلىككە ھەم زوراۋانلىققا بېرىلگەن، «ياقا يۇرتتىكىلەرنى ئۆلتۈرسەك، بىزگە سېھرىي كۈچ پەيدا بولىدۇ» دەپ قارىغان ئىككى مىليون ئاھالىسى بولغان پۈتۈن بىر شەھەرنىڭ يالغۇز بىر ئادەمنىڭ بەرگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپلا ھەر جەھەتتىن تۈرمۇش ئىستىلىنى تولۇق ئۆزگەرتىشىنى كىم تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ؟ يەنە كېلىپ، مۇشۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزگۈچى ئادەم ئۇلار پەس كۆرىدىغان يات مىللەتتىن تۇرسا؟ بىلىشىمىزچە (گەرچە ئۇلار ئۇنىڭ چوڭ بېلىقنىڭ قارنىدا «تىرىلىش»ىدىن

بىرئاز خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭدىن بەك قورقۇش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ)، يۇنۇس ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق مۆجىزە ياراتقان ئەمەس. بىراق ئۇلار ئۇنىڭ خەۋىرىنى خۇدادىن كەلگەن دەپ ئىشەندى. يۇنۇسمۇ ھەم دەل بۇ نەتىجىنى بىلەتتى، لېكىن خالىمايتتى!

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دۇنيادا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى يۇنۇس تونۇغاندەك ھەقىقەتەن تونۇيدىغانلار ناھايىتى ئازدۇر، دەپ قارايمىز. يۇنۇس مۇشۇنداق ئىشەنچى چوڭقۇر ئاز ساندىكى كىشىلەردىن بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق ئويلىغىنىنى قانداقمۇ چۈشەندۈرەلەيمىز؟ ئادەملەرنى خۇداسىزلىقتىن قايتىشقا قايىل قىلماقچى بولغان ھەربىر كىشى بۇ ۋەزىپىنىڭ تەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ!

يۇنۇسنىڭ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تونۇپ يېتىشى دېڭىزدا چىققان ئاشۇ بوراندا بىزگە ئايان بولىدۇ. بۇ بوراننىڭ ئارقىسىدا كىم بارلىقىدىن، ئۆزىنىڭ بورانغا سەۋەبچى ئىكەنلىكىدىن ھەم كېمىچىلەر ئۇنى كېمىدىن تاشلىۋەتسە، بوراننىڭ توختايدىغانلىقىدىن ئۇنىڭ ھېچقانداق گۇمانى يوق ئىدى. كېمىدىكىلەر بولسا يەھۇدىيلار ئەمەس، ھەقىقىي خۇداغا ئىشەنگەنلەرمۇ ئەمەس ئىدى (بىراق كېيىن ئىشەنگۈچىلەر بولدى)؛ بىراق ئۇلار ئاۋۋال يۇنۇسنىڭ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلدى، ئاندىن ئۇنى قۇتقۇزايلى دەپ ئۆز جانلىرىنى تەۋەككۈل قىلدى. بەلكىم خۇدا يۇنۇس ئۆزى «خۇداسىز كاپىرلار» دەپ قارىغان مۇشۇ ئادەملەر ئارقىلىق، ئۇنى كەمتەرلىككە كەلتۈرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەخلاقنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىۋاتقاندى. يۇنۇس ئۇلارنىڭ مىللىتىدىن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۇنى «بىزدەك بىر ئىنسان» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا مېھىر-مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار يۇنۇسنىڭ ئورنىدا بولغان بولسا، ئۇ ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلغان بولاتتىمۇ؟ ئېتىقادسىز ئادەملەرنىڭ قىلغانلىرى ئېتىقادلىق كىشىلەرنىڭكىدىن ياخشى بولسا ئېتىقادچىلارغا شۇنچە زور ساۋاق بولىدۇ! ئەگەر ئېتىقادچىلارنىڭ ئىپادىسى شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ «ئېتىقاد»ىنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟

مۇشۇ ئىشلاردا ئىنسان باللىرىغا نىسبەتەن خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تونۇپ يېتىش ئىنتايىن مۇھىم بىر ساۋات بولسىمۇ، خۇدانىڭ يۇنۇسقا (شۇنداقلا بىزلەرگە) بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ مەقسىتى بار ئىدى ــ يەنى ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە مۇددىئالىرىنى تونۇپ يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى؛ ئاندىن ئاخىردا ئۇ يۇنۇسنىڭ (شۇنداقلا بىزلەرنىڭ) شۇ مەقسەت-مۇددىئالىرىدا، ئارزۇلىرىدا ھەم مۇھەببىتىدە ئۆزى بىلەن بىر بولۇشىنى خالايتتى. ئادەملەر ئاشۇنداق تەرەپلەردە خۇدا بىلەن بىللە بولسىلا، ئاندىن ھەقىقەت بىلەن پەيغەمبەر ئاتىلاتتى. بۇنداق ئادەملەر سۆزىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا، پائالىيەتلىرىدە، ھاياتلىرىدا خۇداغا ۋاكالىتەن سۆزلەيدۇ.

يۇنۇسنىڭ بىلىقنىڭ قارنىدا قىلغان دۇئاسى ئىككىنچى بابتا خاتىرىلەنگەن. مۇنداق ئىشنى باشتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. بىراق يۇنۇسنىڭ دۇئاسىدا خۇدانىڭ ئۇنى ھەتتا شۇنچە قورقۇنچلۇق بىر يەردىنمۇ قۇتقۇزىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ-ئېتىقادى ھەم ئۈمىدى ئاجايىب ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشەنچكە تولغان دۇئاسىدىن بۇ قۇتقۇزۇلۇش ئالىبۇرۇن يۈز بەرگەندەك بىلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭ دۇئاسىدىن يەنە بىر ئىشنى بايقىغىلى بولىدۇكى، ئۇنىڭ دۇئا سۆزلىرى بۇنداق قورقۇنچلۇق تەجرىبىنىڭ ۋەھىملىرىدىن ئېشىپ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى تەسۋىرلەشكە ئۆتىدۇ؛ بۇ دۇئاسىنىڭ ئۆزىنى بىرخىل بېشارەت دەپ ئىشىنىمىز. بىز تۆۋەندە بۇ بېشارەت توغرۇلۇق توختىلىمىز.

يۇنۇس نىنەۋەگە بەرگەن بېشارەت ئىنتايىن ئاددىي: ــ «قىرىق كۈندىن كېيىن، نىنەۋە شەھىرى ۋەيران قىلىنىدۇ!» (3-باب). بۇ خەۋەردە كەچۈرۈم قىلىنىشتىن ھېچقانداق ئۈمىد كۆرۈنمەيدۇ. بىراق نىنەۋەلىكلەر خۇدانىڭ ئۇلارغا توۋا قىلىش پۇرسىتىنى بەرگەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى؛ توۋا قىلىشى بىلەن ئۇلار دەرۋەقە خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن خۇدانىڭ رەھىم-شەپقەتلىرى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىنجىلدا دېيىلگەندەك: «رەب ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنداشنى (بەزىلەرنىڭ «كېچىكتۈردى» دەپ ئويلىغىنىدەك) كېچىكتۈرگىنى يوق، بەلكى ھېچكىمنىڭ ھالاك بولۇشىنى خالىماي، ھەممە ئىنسانىنىڭ توۋا قىلىشىغا كىرىشىنى ئارزۇلاپ، سىلەرگە كەڭچىلىك قىلىپ ۋاقىتنى سوزماقتا» («2پېت.» 9:3).

بىر يەنە، بەزى بېشارەتلەرنىڭ «شەرتلىك» ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز ـ ئادەملەر توۋا قىلسا، بېشارەت قىلىنغان «تەربىيىلىك جازا» چۈشمەيدۇ. ئوخشاشلا، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئىتائەتسىزلىك قىلسا، بېشارەت قىلىنغان بىرەر بەرىكەتكە ئېرىشەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن («يەر.» 10-1:18). نىنەۋە قىرىق كۈندىن كېيىن ۋەيران بولمىدى. بىراق تارىخ شۇنى بىزگە ئىسپاتلىدىكى، ئۇلار خۇدانىڭ ئاگاھىنى ئۇنتۇغان. بەلكىم بىر دەۋردىن كېيىن (يەنى شۇ چاغدىكى «ئاداد-نىرارى» ئىسىملىك پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى بىلەن) ئۇلار يەنىلا ئەسلىدىكى زوراۋانلىق يولىغا قايتتى. يۇنۇس ئۇلارغا يەتكۈزگەن ئاگاھ-گۇۋاھى ناھۇم پەيغەمبەر (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 660-630-يىللار) تەرىپىدىن تەكرارلانغان. بىراق بۇ قېتىم ئاسۇرىيە قۇلاق سالمىدى. نىنەۋە شەھىرى پۈتۈن ئىمپېرىيەسى بىلەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 612-يىلى بابىل ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغان.

ئەمدى يۇنۇس توغرىسىدىكى تېمىغا قايتايلى. ئۇ خۇدانىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى، بىراق ئۇنىڭ ئارزۇسى خۇدانىڭ قەلبى ھەم مۇددىئاسى بىلەن بىر بولغان ئەمەس. ئۇ خۇدانىڭ بۇ «بىر تالاي كاپىرلار»نى كەچۈرۈم قىلىشىنى خالىمايتتى؛ ئۇ خۇداغا ئاچچىقلاپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ھەتتا ئۆلسەم دەپ دۇئا قىلغان. خۇدانىڭ دۇئالارنى، ھەتتا پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىنىڭ دائىملىق بولماسلىقى ياخشى ئىشتۇر. خۇدانىڭ نىنەۋەلىكلەرگىلا ئەمەس، بەلكى يۇنۇسقىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك مۇددىئاسى بار ئىدى. يۇنۇس ھەتتا خۇدانىڭ يوللىرىنى ئەيىبلەيدىغان دەرىجىدە جاھىل بولغىنى بىلەن، خۇدا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىگەن. خۇدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قەلبى ھەم خاراكتېرىنى بىلدۈرىدىغان كارامەت بىر يولنى تاللىغان. يۇنۇس ئۈمىد قىلغىنىنى، يەنى شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىدا، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بىر چەللە ياسىدى. چەللە ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۆزىگە سايە بېرىدىغان كىچىك بىر دەرەخ بىر كېچىدىلا ئۆسۈپ چىققاندا، ئۇ بۆلەكچىلا خۇرسەن بولدى. يۇنۇس ئەسلىدە دېھقان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ خۇشاللىقى كىچىك دەرەخنىڭ ئۆزىگە سايە بېرىدىغانلىقىدىنلا بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇنىڭ بەك چىرايلىق بىر ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكىدىن ھەم شۇنچە تېز ئۆسىدىغانلىقىدىن كۆپ

ھۇزۇر ئالغانلىقىدىن بولغان. ھالبۇكى، خۇدا ئالىبۇرۇن يۇنۇسقا تەربىيە ھەم ساۋاق بولىدىغان نەرسىلەرنى، يەنى ئەشەددىي بىر بوراننى، ئۇنى يۇتۇۋالىدىغان چوڭ بىر بېلىقنى، تېز ئۆسىدىغان كىچىك بىر دەرەخنى تەييارلاپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەد پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن يەنە ئىككى نەرسىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىغان. بىرىنچىسى ــ قۇرت، ئىككىنچىسى ــ شەرقتىن چىققان قىزىق بىر شامال. قۇرت بولسا تالنى يەپ قۇرۇتىدۇ، شامال بولسا ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان قۇياشنىڭ تەپتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكتىن مەھرۇم بولۇش ھەسرىتىنى تېخىمۇ ھېس قىلىدۇرىدۇ. ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ ھۇزۇر يەتكۈزگەن، ئۇنىڭغا سايە بولغان شۇنچە گۈزەل بىر ئۆسۈملۈكنىڭ ئەرزىمەس بىر قۇرتنىڭ زەربىسى بىلەن تۇيۇقسىز قۇرۇپ كېتىشى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ.

بىراق خۇدا يەنە يۇنۇس ئاچچىقىدا تۇرغىنىدا ئۇنىڭغا: ــ«بۇنداق ئاچچىقلانغىنىڭ توغرىمۇ؟» ــ دەپ مۇلايىملىق بىلەن سورايدۇ.

يۇنۇس «مېنىڭ ئاچچىقلىغىنىم توغرا» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ــ دەرەخ نېمىشقا شۇنچە تۇيۇقسىز ۋەيران قىلىۋېتىلىدۇ؟ دەرەختە نېمە گۇناھ بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇنۇس يالغۇزلۇق ھەم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭدىن زوق ئالغان تۇرسا؟ بىر گۇناھسىز گۈزەل ئۆسۈملۈك نېمىشقا بىكاردىن-بىكار تۈگەشتۈرۈۋېتىلىدۇ؟ يۇنۇس ئۆزى ئەجەر سىڭدۈرمىگەن ئەمما ھۇزۇر ئالغان شۇ دەرەخنىڭ تۈگىشىشىگە ئاچچىقلانغان يەردە، خۇدا ئۇنىڭدىن: مەن ئۆزۈم ياراتقان (ھەم شۇنداقلا ئۇلاردىن بىرخىل ھۇزۇر ئالالايدىغان) نىنەۋەدىكى نۇرغۇن بىگۇناھ باللارغا رەھىم قىلسام بولمامدۇ؟ دەپ سورايدۇ. دەل مۇشۇ مۇھىم سوئال يۇنۇسقا قويۇلىدۇ.

خۇدا يۇنۇسقا: نىنەۋەدەبىر يۈز يىگىرمە مىڭ «ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان» (يەنى 120000 كىچىك بىگۇناھ بالا) بار، دەيدۇ. نىنەۋە ۋەيران بولغان بولسا، خۇدا بۇ باللارغا قانداق ھېسسىياتتا بولار؟ ئۇلار ھەرگىزمۇ «بىر كېچىدىلا ئۆسكەن» ئەمەس ــ ئۇ ئۇلارنى ياراتقان ھەم تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن كۆيۈمچانلىق بىلەن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ناھايىتى نۇرغۇن «چوڭ-كىچىك مال-ۋارانلار» بار ئىدى ــ يۇنۇس ئۆزى دېھقان تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ ئەھمىيەتسىز ۋەيران بولۇشىغا ھېچقانداق

ھېسداشلىق ۋە ھەسرەتتە بولماسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ گەپنىڭ تېمىسىنى بالىلاردىن مالغا يۆتكىگەنلىكى، ئۆز سۆزىنى بىر كىنايىلىك (ساتىرىك، يۇمۇرلۇق) سوئالغا ئايلاندۇرغانلىقىدۇر. يۇنۇس كالا-قويلارغا كۆڭۈل بۆلگەن يەردە، ئادەملەرگە كۆڭۈل بۆلمەسمۇ؟ – شۇنداق ئىكەن، خۇدا ئۆزى ياراتقان ئادەملەرگە، يەنى ئۆزى كۆيۈنىدىغان ئادەملەرگە غەمخورلۇق قىلماسمۇ؟ يۇنۇس بۇ ئۆسۈملۈكتە بىرخىل گۈزەللىكنى كۆرگەن. ئەمدى ئادەم توۋا قىلسا، كەچۈرۈم قىلىنىپ تۇرمۇشىدا بىرخىل گۈزەللىك پەيدا بولمامدۇ؟ يۇنۇس بولسا يەنىلا ئۇلارنىڭ تېزلا ھالاك قىلىنىشىنى خالامدۇ، ياكى خۇدا قارىغاندەك ئۇلارغا قارامدۇ؟ يۇنۇس قەلبىدە ھەم مۇددىئاسىدا خۇدا بىلەن بىر بولغان بولسا، ئۇ ئۇلارنى «كەلگۈسىدىكى دۈشمەنلەر» ۋە «ئىپلاس كاپىرلار» دەپ قارىماييتتى-دە، ئۇلاردىن سۆيۈنەتتى، ئۇلارنى قىممەتلىك ھېسابلاپ، ئۇلارنىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ ئوبيېكتى دەپ ئويلىغان بولاتتى.

يۇنۇس مانا مۇشۇ ئىشلار ھەققىدە خۇداغا بىرەر ئېنىق جاۋابنى بەرگەنمۇ؟ كىتابتا بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق جاۋاب خاتىرىلەنگەن ئەمەس. بەلكىم ئۇ خۇداغا بىردىنبىر توغرا جاۋابنىڭ «شۇنداق» بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، خۇداغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمىگەندۇ؟ يۇنۇس ئۆزىنىڭ نەپرەتلىك پوزىتسىيىسىدىن توۋا قىلغانمۇ؟ ئۇ خۇدانىڭ ئۆز دۈشمىنى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئادەملەرنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلغانمۇ؟ قوبۇل قىلغان، دەپ ئىشىنىمىز. بۇنى بىز نېمىدىن بىلەلەيمىز؟ ئىسپات دەل «يۇنۇس پەيغەمبەر» دېگەن كىتابنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئۆزىدۇر. يۇنۇس خۇدانىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، ئۇنداقتا بىز ھەرگىز بۇ ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولالمايتتۇق. چۈنكى بۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغان پەقەت يۇنۇس ھەم خۇدانىڭ ئۆزى. يۇنۇس خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىز ئوقۇغان بۇ ھەممە ۋەقەلەرنى بىزگىمۇ ساۋاق ھەم تەربىيە بولسۇن دەپ كىتابتا خاتىرىلىگەن، دەپ ئىشىنىمىز. كىتابتا بىزنىڭ يۇنۇسنىڭ بارلىق خاتالىقلىرىنى ھەم ناتوغرا ئويلىغانلىرىنى كۆرۈشىمىزگە يول قويۇلىدۇ. پەقەت خۇدا تەرىپىدىن كەمتەرلىككە كەلتۈرۈلگەن، تەربىيە قىلىنغان يۇنۇستەك بىر ئادەملا ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى ھەم گۇناھلىرىنى باشقىلار كۆرۈپ ساۋاق ئالسۇن دەپ شۇنداق روشەن خاتىرىلىشكە رازى بولىدۇ،

ئەلۋەتتە. خۇدا ئۆز مۇقەددەس كىتابىدا ئوقۇرمەن بولغان بىزلەرگە باشقىلارنىڭ خاتالىق ۋە گۇناھلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇش ئىمتىيازىنى بېرىدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ھەرگىز «مەن بولسام، شۇنداق قىلمايتتىم» دەپ تەكەببۇرلىشىپ كېتىشىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشلاردىن ساۋاق، تەربىيە ئېلىشىمىز ئۈچۈندۇر.

بىزنىڭچە خۇدانىڭ: «نىنەۋەدىكىلەرگە ئىچىمنى ئاغرىتىپ، رەھىم قىلىشىمغا توغرا كەلمەمدۇ؟» دېگەن سوئالىغا يۇنۇسنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى خاتىرىلەنمىگەنلىكىنىڭ، كىتابنىڭ تۇيۇقسىز «توختاپ قېلىش»نىڭ بىر سەۋەبى بار. چۈنكى خۇدانىڭ بۇ سوئالى پەقەت يۇنۇسقىلا ئەمەس، بەلكى بىزگىمۇ بېرىلگەندۇر. «نىنەۋەدىكىلەرگە ئىچىمنى ئاغرىتىپ رەھىم قىلىشىمغا توغرا كەلمەمدۇ دەيسەن؟ ئەمدى ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭچۇ؟ ئۇلارنى جازالىغايسەن دەپ، ياكى ئۇلارنى توۋا قىلىشقا يېتەكلەپ كەچۈرۈم قىلغايسەن دەپ دۇئا قىلغىنىڭ تۈزۈكمۇ؟ سەندە مېنىڭ ئادەملەرگە رەھىم قىلىدىغان قەلبىمدەك قەلب بارمۇ؟» دېمەكچى پەرۋەردىگارىمىز بولغان خۇدا.

بۇ سوئال بىزنى بىۋاستە مەسىھ ئەيسانىڭ ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن تەلىمگە يېتەكلەپ بارىدۇ. ئۇ نەچچە قېتىم: «سىلەر باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلساڭلار، ئەرشتىكى ئاتاڭلار سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنىمۇ كەچۈرۈم قىلىدۇ؛ بىراق باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلمىساڭلار، ئاتاڭلارمۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنىمۇ كەچۈرۈم قىلمايدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن (مەسىلەن، ئىنجىل «ماتتا» 6-باب). مەن ئەگەر ئۆزۈمنى ياراتقان، ئاپامنىڭ بالىياتقۇسىدا ئاپىرىدە قىلىنغىنىمدىن تارتىپلا ماڭا كۆيۈنۈپ كەلگەن خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلغان بولسام، ئەمدى باشقىلارنىڭ ماڭا تەسىر يەتكۈزگەن گۇناھلىرىنى ھېسابلاپ،ئۇنى كۆڭلۈمدە ساقلاشقا نېمە ئاساسىم بار؟

يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدا بىز مۇنازىرىلەشمىگەن نۇرغۇن باشقا مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. بىز پەقەت يەنە بىر ئىش توغرۇلۇق، يەنى مەسىھ ئەيسانىڭ يۇنۇس پەيغەمبەر ئۈستىدە قىلغان گېپى توغرۇلۇق توختىلايلى. ئەيسا يەھۇدىيلارغا تەلىم

بەرگەندە بىرنەچچە قېتىم يۇنۇس پەيغەمبەرنى تىلغا ئالغان، بىرىنچىسى بولسا: —
«رەزىل ھەم زىناخور بۇ دەۋر بىر «ئالامەت»نىڭ كۆرسىتىلىشىنى ئىستەپ يۈرىدۇ. بىراق بۇ دەۋردىكىلەرگە «يۇنۇس پەيغەمبەردە كۆرۈلگەن مۆجىزىلىك ئالامەت»تىن باشقا ھېچقانداق كارامەت كۆرسىتىلمەيدۇ. چۈنكى يۇنۇس پەيغەمبەر يوغان بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ياتقاندەك، ئىنسانئوغلىمۇ ئوخشاشلا ئۈچ كېچە-كۈندۈز يەرنىڭ باغرىدا ياتىدۇ.
سوراق كۈنى نىنەۋە شەھرىدىكىلەر بۇ دەۋردىكىلەر بىلەن تەڭ قوپۇپ، بۇ دەۋردىكىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى بېكىتىدۇ. چۈنكى نىنەۋەلىكلەر يۇنۇس پەيغەمبەر جاكارلىغان خەۋەرنى ئاڭلاپ، يامانلىقىدىن توۋا قىلغان؛ ۋە مانا، مۇشۇ يەردە يۇنۇس پەيغەمبەردىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى تۇرىدۇ!» (ئىنجىل «مات.» 12:39-41، «لۇقا» 11:32).
(يەھۇدىيلارنىڭ شۇنداق «مۆجىزىلىك ئالامەت»نى ئىزدىشى ئۇلارنىڭ مەسىھ ئەيساغا: — ئۆزۈڭنىڭ خۇدا ئەۋەتكەن مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان بىر مۆجىزە يارات! — دېيىدىغان تەلپىدۇر. بىراق ئەمەلىيەتتە مەسىھ ئەيسا ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ياراتقانىدى).

يۇنۇسنىڭ بېلىق تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنىپ ئاندىن قۇسۇپ ياندۇرۇلۇشىنى ئۇنىڭ بىرخىل «ئۆلۈمى ھەم تىرىلىشى» دېگىلى بولىدۇ. مەسىھ ئەيسانىڭ «يۇنۇس پەيغەمبەرنى ئەستىقلىغان «مۆجىزىلىك ئالامەت»»نى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن ئويلاپ بېقىڭ.
(1) يۇنۇس ئاۋۋال ئۆز خەلقىگە خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى جاكارلىغان («2پاد.» 14:25) لېكىن ئۇلار توۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتى گالىلىيەدە باشلانغان.
كېيىن ئۇ «يات ئەللەر»گە خۇدانىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەن.
مەسىھمۇ ئاۋۋال ئۆز خەلقىگە خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى جاكارلىغان («يۇھ.» 1:11) لېكىن ئۇلار توۋا قىلمىدى؛ مەسىھنىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتىمۇ گالىلىيەدىن باشلانغان («مات.» 4:12-16، «لۇقا» 4:14).

كېيىن ئۇ «يات ئەللەر»گە خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان («ئەف.» 17:2).

(2) يۇنۇس ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن (ئۆزىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن) ئۆلۈشكە تاشلىۋېتىلگەن؛ ئۇنىڭ بوران ھەم بېلىق تەرەپلىرىدىن بولغان «ئۆلۈمى» ئاشۇ بوراننى تىنچلاندۇرۇپ، باشقىلارنى قۇتقۇزۇپ ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەن.

مەسىھ ئەيسامۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن چەتكە قېقىلىپ، ياغاچقا مىخلىنىپ ئۆلۈشكە تاشلىۋېتىلگەن؛ بىراق ئۇنىڭ ئۆلۈمى خۇدانىڭ بىزگە قارىتىلغان غەزىپىنى تىنچلاندۇرۇپ، باشقىلارنى قۇتقۇزۇپ مەڭگۈ ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ئوخشىماسلىق شۇكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى «ئۆزىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن» ئەمەس، بەلكى ئۇ باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

(3) يۇنۇس بېلىقنىڭ قارنىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ياتقان.

مەسىھ ئەيسا گۆردە ئۈچ كېچە-كۈندۈز ياتقان. (يەھۇدىيلارنىڭ ھېسابىچە، بەزىدە بىر قانچە سائەتمۇ تولۇق بىر كۈن ھېسابلىنىدۇ)

(4) يۇنۇس بېلىقنىڭ قورسىقىدىن «تىرىلگەن»دىن كېيىن، ئۆز قوۋمى بولغان يەھۇدىيلارغا ئەمەس، بەلكى يەھۇدىي بولمىغان نىنەۋەلىكلەرگە خۇدانىڭ سۆزلىرىنى جاكارلاشقا بارغان.

مەسىھ ئەيسا تىرىلگەندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر ئۆز روسۇللىرى ھەم مۇخلىسلىرى ئارقىلىق يەھۇدىي ئەمەسلەرگە، جۈملىدىن بىزلەرگە ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى تارقىتىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ «ئۆز قوۋمى» بولغان يەھۇدىيلار خۇش خەۋەرنى (بۈگۈنگە قەدەر) ئاساسەن تېخى قوبۇل قىلمىغان («ئەف.» 17:2).

(5) يۇنۇسنىڭ بېلىق قارنىدا قىلغان دۇئاسى توغرۇلۇق ئويلايلى. (2-بابتا): —

— «مەن دەرد-ئەلەممدىن پەرۋەردىگارغا پەرياد كۆتۈردۇم،
ئۇ ماڭا ئىجابەت قىلدى.
مەن تەھتىسارانىڭ تەكتىدىن پەرياد قىلدىم، سەن ئاۋازىمغا قۇلاق سالدىڭ».

ئەمەلىيەتتە يۇنۇس (ئۇ ھەقىقەتەن ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا) تەھتىسارادا بولمايتتى. بىراق ئىنجىلغا ئاساسەن مەسىھ ئەيسانىڭ روھى ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئۆزى

كرېستكە مىخلانغاندا گۇناھنىڭ ھەم ئۆلۈمنىڭ ئۈستىدىن ئالغان غەلىبىسىنى شۇ يەردە جاكارلىغانلىقىنى بىلىمىز («1پېت.» 3:18-19، 4:6). شۇ چاغدا تەھتىسارادا ياتقان ئېتىقادچىلارنىڭ روھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنىڭ ئاساسىنىڭ دەل مەسىھنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم بىلىپ، مەسىھ بىلەن بىللە بولۇشقا ئۇنىڭغا باغلىنىدۇ.

(4-3:2) «چۈنكى سەن مېنى دېڭىز تەكتىگە، دېڭىز قارنىغا تاشلىۋەتتىڭ،
كەلكۈن ئېقىنلىرى مېنى ئارىسىغا ئېلىۋالدى،
سېنىڭ بارلىق دولقۇنلىرىڭ ھەم ئۆركەشلىرىڭ ئۈستۈمدىن ئۆتۈپ كەتتى؛
شۇڭا مەن: «مەن نەزىرىڭدىن تاشلىۋېتىلگەنمەن ــ دېدىم.
بىراق مەن يەنىلا مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭغا قاراپ ئۈمىد بىلەن تەلمۈرىمەن».

شۈبھىسىزكى، گەرچە يۇنۇسقا شۇنداق (تاشلىۋېتىلگەندەك) تۇيۇلغىنى ھەم ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئۇ ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ نەزىرىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئەمەس. بىراق بىز مەسىھ ئەيسانىڭ ھەربىر ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئەرشتىكى ئاتىسىدىن ئايرىلىش ئازابىنى تولۇق تارتقانلىقىنى بىلىمىز. چەكلىك بولغان ۋاقىتلىق ئايرىلىش ئىچىدە ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك دوزىخىنى ئۆز ئۈستىگە ئارتقان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلار خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

(6-5:2) «سۇلار مېنى يۇتۇپ كەتكۇدەك دەرىجىدە ئورىۋالدى،
دېڭىز تەكتى مېنى قاپسىۋالدى؛
دېڭىز چۆپلىرى بېشىمغا چىرمىشىۋالدى.
مەن تاغلارنىڭ تەگلىرىگىچە چۆشۈپ كەتتىم؛
يەر-زېمىن تېگىدىكى تاقاقلار مېنى ئەبەدىلئەبەدگىچە قاماپ قويدى؛

ھالبۇكى، سەن جېنىمنى ھاك ئېچىدىن چىقاردىڭ، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم».

يۇنۇس «تاغلارنىڭ تەگلىرىگىچە» چۆشۈپ كەتكەن ئەمەس. بىراق مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزى ئەرشتىكى ئاتىسىدىن ئايرىلغىنىدا، ئۇ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ دەل تېگى-ئۆلۈغىچە بېرىپ گۇناھنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، خۇدا ھەم ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن يېڭى يەر-زېمىنىنىڭ ئۇلىنى بەرپا قىلغان.

يۇنۇس بولسا ئۆزىنىڭ «جازاسى» (ئەمەلىيەتتە تەربىيىسى)نىڭ ئازابىنى «ئەبەدىلئەبەدگىچە» تارتمىغان. بىراق يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، مەسىھ ئەيسانىڭ چەكلىك بىر ۋاقىت ئىچىدە (بەلكىم كرېستتە بولغان كېيىنكى ئۈچ سائەت ئىچىدە) ھەربىر ئادەمنىڭ دوزىخنىڭ مەڭگۈ ئازابلىرىنى، (يەنى گۇناھنىڭ ھەقىقىي تېگىشلىك جازاسىنى) ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا ئۇ كرېستكە مىخلانغان ئاخىرقى ئۈچ سائەتتىن كېيىن: «خۇدايىم، خۇدايىم، نېمىشقا مەندىن ۋاز كەچتىڭ؟!» — دەپ توۋلىغان. چۈنكى ئۆزى گۇناھسىز بولۇپ بىزنىڭكى گۇناھىمىز ئۈچۈن، سىز بىلەن مەن كەچۈرۈم قىلىنىپ مەڭگۈ ھاياتقا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن، خۇدا ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن؛ ئۇ «گۇناھلار ئۈچۈن قۇربانلىق» بولغان.

«ھالبۇكى سەن جېنىمنى ھاك ئېچىدىن چىقاردىڭ، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم».

خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈشى ھەم شۇنىڭ بىلەن تەڭ يۇنۇسنىڭ بۇ بېشارەتلىك دۇئاسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمىنىڭ گۇناھقا، شۇنداقلا گۇناھقا چېتىشلىقى بار مەسىلىلەرگە ھەقىقەتەن بىردىنبىر تاقابىل تۇرغۇچى بولغانلىقىغا ئىسپاتتۇر. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، مەسىھ ئەيسانىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاپ «يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىلىك ئالامىتى»نى، يەنى مەسىھنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن بولغان ئۆلۈمىنى ھەم تىرىلىشىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتنى، خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا تىنچ-خاتىرجەملىكنى تاپقايسىز!

ئامىن!

# تەۋرات 33-قىسىم

# «مىكاھ»

## (مىكاھ پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### پەيغەمبەر توغرىسىدا

مىكاھ پەيغەمبەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىزگە نامەلۇم. ئۇنىڭ يۇرتى يەھۇدانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى، يېرۇسالېمدىن ئوتتۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «مورەشەت» ياكى «مورەشەت-گات» دېگەن كىچىك بىر يېزا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى دېھقان ياكى تېرىقچى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىمىز. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ ئىشلەتكەن سۆزلۈكلىرى بەك ئاددىي سۆزلۈكلەر بولغان. ئۇ قوبۇل قىلغان ۋەھىيلەرنىڭ بەزىلىرى پادىشاھ، ئەمىرلەر ۋە يېرۇسالېمدىكى بايلار توغرىسىدا بولغاچقا، ئۇ پات-پات يۇرتىدىن چىقىپ «چوڭ شەھەر» بولغان يېرۇسالېمغا بارغان بولسا كېرەك. ئۇ يەشايا پەيغەمبەر بىلەن زاماندash بولۇپ، ئىككىلىسى يەھۇدادا بېشارەت بەرگەن، ئوخشاشلا نەپسى ئارام تاپمايدىغان بايلارنىڭ ۋە «نېمە گەپ قۇلاققا ياقسا شۇ گەپنى ئېيتىدىغان» ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. يەشايا پەيغەمبەر مىكاھنىڭ بىر بېشارىتىنى ئۆز كىتابىدا نەقىل كەلتۈرگەن (4:1-4). شۇ دەۋرلەردە ئاموس ۋە ھوشىيا پەيغەمبەرلەر «شىمالىي پادىشاھلىق» ئىسرائىلدا بېشارەت بېرىۋاتقاندى. مىكاھنىڭ بېشارەتلىرى يەھۇدا توغرۇلۇقمۇ ھەم «شىمالىي پادىشاھلىق» («ئىسرائىل») توغرۇلۇقمۇ ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ «ئىسرائىل» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ ئىككى پادىشاھلىقنى بىرلىكتە تىلغا ئالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندە بىز ئىزاھاتلارنى بەردۇق.

## يېزىلغان ۋاقتى

كىتابدىكى بىرىنچى ئايەتتە مىكاھنىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتىنى قىلغۋاتقان مەزگىلى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ مەزگىل يەھۇدا پادىشاھلىرى يوتام، ئاھاز، ھەزەكىيانىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ – يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 739-686-يىللىرى (جەمئىي 53 يىل). كىتابتىكى بېشارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى يەھۇدانى ئىشغال قىلىشتىن ئىلگىرى، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 701-يىلىدىن ئىلگىرى يېزىلغان بولسا كېرەك – چۈنكى ئۇلار شۇ ۋەقەنى ئالدىنئالا ئېيتىدۇ.

## كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە تېمىسى

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 922-يىلى سۇلايمان پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، يەھۇدا ۋە ئىسرائىل ئىككى پادىشاھلىق بولۇپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. «2تار.» 10-بابتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «شۇ تەرىقىدە ئىسرائىل داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن (يەنى، يەھۇدا قەبىلىسىدىن) يۈز ئۆرۈپ، بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ كەلدى».

شۇ ۋاقىتتىن كېيىن، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى، ئىسرائىل ۋە يەھۇدا ھەر ئىككىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ئىدى. ئىككى پايتەخت – يېرۇسالېم ۋە سامارىيە زور باياشاتلىقتىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىغانىدى. بىراق ئۇلار بۇ باياشاتلىقتا ئېغىر بەدەل تۆلەنگەنىدى – ئۇ بولسىمۇ، كەمبەغەللەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىدۇر: «بايلار تېخىمۇ بېيىپ كېتىۋاتقان، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلىشىۋاتقان» ئىدى.

خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قانۇنلىرىدا «نامرات»، «تۇل خوتۇن»، «يېتىم-يېسىر» ۋە «يات مۇساپىر»لارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا خېلى كۆپ ماددىلار بار ئىدى. ھەر يەتتە يىلدا، قەرزنى بىكار قىلىش، ئۆزىنى قۇللۇققا سېتىۋەتكەنلەرنى ھۆرلۈككە قايتۇرۇش كېرەك ئىدى؛ ھەر ئەللىك يىلدا («ئازادلىق يىلى» ياكى «بۇرغا (چېلىش) يىلى») بارلىق قەرزلەرنى بىكار قىلىش ۋە

يەر-زېمىننى ئۆز ئىگىسىگە ياكى ئائىلىسىدىكىلەرگە قايتۇرۇش كېرەك ئىدى. ھەر يىلى ھوسۇلنىڭ «تۇنجى ئاشلىق»ى ياكى «تۇنجى مېۋىلىرى»دىن ئايرىپ ئېلىپ، ئىبادەت خىزمىتىدە بولغان كاھىنلار ھەم لاۋىي قەبىلىسىدىكىلەرگە، ئاندىن كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى؛ ھوسۇل ئالغاندا (مەيلى ئېتىزدىن، ئۈزۈمزاردىن بولسۇن) پەقەت بىر قېتىملا «يىغىۋېلىش»قا بولاتتى. مۇشۇ يىغىۋېلىشتىن كېيىن قېلىپ قالغان ياكى كېيىن پىشقان زىرائەتلەر ياكى مېۋىلەرنى كەمبەغەللەرنىڭ يىغىۋېلىشىغا قالدۇرۇش كېرەك ئىدى؛ ھەر ئۈچ يىلدا، خەلقنىڭ بارلىق كىرىملىرىنىڭ ۋە ئالغان ھوسۇللىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئايرىپ كەمبەغەللەرگە تارقىتىشى كېرەك ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇستىدە، مۇقەددەس قانۇندىكى: «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ، پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن» ۋە «ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك قوشناڭنى سۆيگىن» دېگەن ئىككى «بۈيۈك پەرمان» بار ئىدى. سۇلايمان پادىشاھ ئۆزىنىڭ بىر نەسىھىتى بىلەن دىققىتىمىزنى بۇ ئىككى پەرماننى ئايرىۋەتمەسلىك ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ: «مىسكىننى بوزەك قىلغۇچى ــ پەرۋەردىگارغا ھاقارەت قىلغۇچىدۇر؛ ھاجەتمەنلەرگە شاپائەت قىلىش ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر» («پەند.» 31:14).

لېكىن ھۆكۈمدارلار، كاھىنلار ۋە خەلقنىڭ زور بىر قىسمى بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزگە ئىلمايلا قالماي، ئەكسىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئالدامچىلىق، ئوپئوچۇق بۇلاڭچىلىق، زىناخورلۇق قىلىش ۋە سوت سورۇنلىرىدا پارا يېيىشتەك يامان ئىللەتلەر پەيدا قىلغانىدى. خۇدانىڭ ۋەكىللىرى بولغان كىشىلەر، يەنى مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئەيىبلىشى كېرەك بولغان كاھىنلار ۋە «پەيغەمبەرلەر» سۇكۇت ئارقىلىق قوشۇلۇشىنى بىلدۈرگەن ياكى ئۇنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللىغانىدى. ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، سامارىيە (ئىسرائىل) كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن دىندار بىر خەلققە ئوخشايتتى. بىز تەۋراتتىكى «ئاموس پەيغەمبەر» ۋە «ھوشىيا پەيغەمبەر» دېگەن قىسىملاردىن ئۇلارنىڭ سادىقلىق بىلەن تاۋاپگاھلار (بەيت-ئەل، گىلگال ۋە بەئەر-شېبا)غا «ھەج» قىلىدىغانلىقىنى، قۇربانلىقلارنى قىلىشقا ئامراقلىقىنى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ «دەبدەبىلىك»لىكىنى بىلىمىز. تەۋراتتىكى «يەشايا پەيغەمبەر» دېگەن قىسمىدىن ئۇلارنىڭ «تائەت-ئىبادەت»لىرىگە قوشۇلغان يېقىملىق ياكى مۇڭلۇق مۇزىكا-ناخشىلىرى توغرۇلۇق خەۋەردار بولىمىز. بىراق ئۇلارنىڭ شۇ دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ

ھەممىسى خۇدانىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي ئىخلاسمەنلىكتىن تولىمۇ يىراق بولغان، يىرگىنچلىك پاسىقلىق، خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ شۇ «ئىبادەت»ى ھەتتا بۇتپەرەسلىك بىلەنمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قانۇندا ئۆزىگە قۇربانلىق قىلىشنىڭ پەقەت بىر جايدىلا بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. ئاخىردا بۇ جاي يېرۇسالېم بولدى. ئۇ تاغلار ياكى دۆڭلەر بولغان «يۇقىرى جايلار» ئۈستىگە ئۆزىگە قۇربانلىق قىلىش ئىبادىتى ئۈچۈن قۇربانگاھلارنى قۇرۇشنى قەتئىي مەنئىي قىلغان. بىراق خېلى بالدۇرلا كىشىلەر (شۈبھىسىزكى، ئەسلىدە ياخشى نىيەت بىلەن) مۇشۇنداق قۇربانگاھلارنى يۇقىرى جايلاردا قۇرۇشقا باشلىغان؛ ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇتپەرەسلىك جايلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن؛ بەزى بۇتقا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرى ھەتتا «پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا» ئۆتكۈزۈلەتتى. «بائال» دېگەن بۇتلارغا چوقۇنغاندا، ھەرخىل شەھۋانىي گۇناھلار شۇ «ئىبادەت»نىڭ بىر قىسمى بولغان؛ ئىشلار ھەتتا بەزىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەھشەتلىك ھالدىكى «ئىنساننى قۇربانلىق قىلىش»قا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

يەھۇدا بىلەن ئىسرائىلنى ئەھۋالى دەل ئۇزۇن يىللار تېۋىپىنىڭ دەۋەتلىرىنى ئاڭلىمىغان، تاماقنى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ يېگەشكە، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىنتايىن سېمىز ئادەمگە ئوخشاتقىلى بولىدۇ. سىرتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ قىياپىتى ئىنتايىن گەۋدىلىك ۋە قامەتلىك بولغىنى بىلەن، لېكىن ئۇنىڭ ھالىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ھەرقاچان يىقىلىپ ئۆلۈش مۇمكىنچىلىكى بار بولىدۇ.

يەھۇدا ۋە ئىسرائىلنىڭ ئەتراپىدىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىكلەر بار ئىدى. ئوتتۇرا شەرقتە زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولغانىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تارىخ بويىچە ئەڭ قانخور، ئالدامچى ۋە تەكەببۇر ئىمپېرىيەلەردىن بىرى، يەنى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى مەيدانغا چىقىپ، تېزلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. مىكاھنىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمەت مەزگىلى ئۇلارنىڭ تۆت پادىشاھىنىڭ دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۆت پادىشاھنىڭ ھەربىرى «مۇقەددەس زېمىن»گە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن: —

(1) تىگلاف پىلەسەر (III) (744-727). ئۇ ئاسۇرىيەنى جاھانگىرلىك يولىغا كىرگۈزگەن. فىلىستىيە، دەمەشق، گاللىيە ۋە «ترانسئىئوردانىيە» كەينى-كەينىدىن ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا تەن بەرگەن.

(2) تىگلاف شالمانئەزەر (V) (722-726). ئۇ «شىمالىي پادىشاھلىق»نىڭ پايتەختى سامارىيەگە ھۇجۇم قىلغان. شەھەر ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىز باسارى سارگونغا تەسلىم بولغان.

(3) سارگون (II) (705-722). سامارىيە ۋە شىمالىي پادىشاھلىقنىڭ قالغان جايلىرىدىكىلەرنى سۈرگۈن قىلغان. تەكەببۇر سامارىيە ئەينى چاغدا پەقەت ئاسۇرىيەنىڭ بىر «ئۆلكە»سى بولۇپ قالغان.

(4) سەنناخېرىب (704-681). ئاسۇرىيەنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك، رەھىمسىز پادىشاھى. سامارىيەنىڭ تەسلىم بولغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر يەھۇدادا ھەم قورقۇنچ ھەم «رەقىبىمىز ئاخىرىدا يوق بولدۇ» دېگەندەك بىرخىل كۆرەڭلىك پەيدا قىلغان. ھەزەكىيا پادىشاھ كۆپ جەھەتلەردە ئىخلاسمەن ئادەم ۋە «ئىسلاھاتچى» بولۇپ، يەھۇدانىڭ بۇتپەرەسلىكىنىڭ كۆپ سىرتقى ئىپادىلىرىنى ئېلىپ تاشلىغانىدى. بىراق سارگون IIنىڭ ئۆلۈشى بىلەن، ئۇ ئاسۇرىيەگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدانى مىسىر، بابىل ۋە باشقىلار بىلەن ئىتتىپاقداش قىلىشنى «دانالىق» دەپ بىلگەن. بۇ سىياستى ئۈچۈن ئۇ يەشايا ھەم مىكاھ پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن. دەرۋەقە سەنناخېرىب قوي قوتىنىغا چۈشكەن بۆرىدەك مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 701-يىلى يەھۇداغا ھۇجۇم قىلىپ، 46 شەھەر (جۈملىدىن مىكاھ پەيغەمبەر 10:1-15دە ئالدىنئالا ئېيتقان توققۇز شەھەر)نى ئىشغال قىلىپ، يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالغان. ھەزەكىيا بولسا يەشايا ۋە مىكاھنىڭ بېشارەتلىرىنى ئاڭلاپ ئىتتىپاقداشلىرىنى تاشلاپ: «تەسلىم بولمايمىز» دەپ ھەممە ئىشلارنى پەرۋەردىگارغا تاپشۇرغان. «يەشايا پەيغەمبەر» دېگەن كىتابتىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلگىنىدەك، خۇدا بۇ ئىشقا بىۋاستە قول تىققان؛ بىر كېچىدىلا ئاسۇرىيەنىڭ 185 مىڭ ئەسكىرى سىرلىق ھالدا ئۆلگەن. بۇ كارامەت يولباشچىلارنىڭ، شۇنداقلا خەلقنىڭ كۆڭلىنى پەقەت قىسقا بىر مەزگىل خۇداغا قاراتقان. كېيىنكى يۈز يىل ئىچىدە پۈتۈن خەلق «بىر كىرىزىستىن يەنە بىر كىرىزىسقا» پۈتلىشىپ يۈردى. نېبوقادنەسار بابىلغا پادىشاھ بولغاندا، پۈتۈن خەلق (مىكاھ بېشارەت بەرگەندەك، 10:4) بابىلغا سۈرگۈن بولۇپ كەتتى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 587-يىلى).

بىراق مىكاھنىڭ بېشارەتلىرى خۇدانىڭ ئېغىر جازالاشلىرى بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئىسرائىلنىڭ تارتقان ئازابلىرى ئارقىلىق، ئۇلار خۇداغا نىدا قىلغاندا، «قۇتقۇزغۇچى-

مەسىھ» تۇغۇلىدۇ (2:12-13، 5:1-6). مىكاھ (2:5دە) ئۇنىڭ تۇغۇلىدىغان جايىنى، يەنى بەيت-لەھەم دېگەن كىچىككىنە يېزىنى ئالدىنئالا ئېيتىدۇ. «مەسىھ» بولسا ئاخىرىدا ئىسرائىلنى پۈتۈنلەي خۇدانىڭ يېنىغا قايتۇرىدۇ. ئۇ ئارقىلىق ئىسرائىل دۇنيانى يورۇتىدىغان پارلاق نۇرغا ئايلاندۇرۇلىدۇ (4-باب). بىراق ئارىلىقتا ئۇلار يەنە كۆپ جەبىر-جاپا تارتىدۇ.

ئىنجىلنى ئوقۇغانلار بىلىدۇكى، «بەيت-لەھەمدە تۇغۇلىدىغان» مەسىھ بولسا دەل ئەيسادىن باشقا ئادەم ئەمەس. كەلگۈسى بىر زاماندا ئىسرائىل ئۈچۈن قىلىدىغىنىدەك، ئۇ بۇ زاماندىمۇ «پۇلپەرەسلىك»، «شەھۋانىيلىق» ۋە «ھوقۇقپەرەسلىك»، ھەتتا قۇرۇق «دىنىي شەكىلۋازلىق» قاتارلىق بۇتلارنى تاشلاپ، ئۆزىنى ئىزدىگەنلەر ئۈستىگە ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى چاچىدۇ.

## مەزمۇنلار: -

يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، مىكاھنىڭ پەيغەمبەرلىك خىزمىتىنى قىلغان ۋاقتى 50 يىل بولغان. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ كىتابىنىڭ مەزمۇنى شۇ مەزگىلدە يەتكۈزگەن نۇرغۇن خەۋەرلىرىنىڭ ئىخچام بىر يەكۈنىدۇر.

ئۈچ قاتار بېشارەت – ھەممىسى «ئاڭلاڭلار!» بىلەن باشلىنىدۇ

## 1-قاتار بېشارەت (1:2-13:2)

ئىسرائىل «گۇناھكلار تۈپەيلىدىن دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايسىلەر ۋە سۈرگۈن بولىسىلەر» دەپ ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ (1:2-11:2). بىراق پەرۋەردىگار ئۆزى تاللىغان «قالدى»سىنى يېرۇسالېمغا يىغىدۇ. ئۇلار دۈشمەنلىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولىدۇ (12:2-13). بۇ ۋەدەنىڭ ئۆزى بىرخىل بېشارەت بولۇپ: (1) مەسىھنىڭ يېقىن ئەھدە ئاستىدا ئىشەنگۈچىلەردىن تەركىب تاپقان ئۆزىنىڭ «قالدىسى»نى يىغىپ ئۇلارغا بولغان يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ۋە (2) ئاخىرقى زامانلاردا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى

كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدا خۇدا ئىسرائىلنى يۇقىرىدىكى ۋەقەگە ئوخشاپ كېتىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئاستىدا يەنە كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ قۇتقۇزىدۇ.

## 2-قاتار بېشارەت (1:3-15:5)

يېرۇسالېمنىڭ يېتەكچىلىرى پۈتۈنلەي چىرىكلەشكەنلىكى تۈپەيلىدىن، پەرۋەردىگار يېرۇسالېمنى خارابىلىككە ئايلاندۇرىمەن، دەيدۇ (1:3-12)؛ بىراق ئۇ يەنە ئاخىرقى زاماندا يېرۇسالېمنى بارلىق ئەللەردىن ئۈستۈن كۆتۈرىمەن، دەپ ۋەدە بېرىدۇ؛ (1:4-5)؛ ئۆزىنىڭ «قالدىسى»نى ئۇنىڭ ئىچىدىن يىغىشقا، (6:4-8) شۇنداقلا بۇ پاكلاندۇرۇلغان يېڭى خەلق ئۈچۈن ئۇلارنى غەلىبىلىك يېتەكلەيدىغان «پادىچى»، يەنى مەسىھنى ئەۋەتىشكە ۋەدە بېرىدۇ (1:5-15).

## 3-قاتار بېشارەت (1:6-20:7)

خەلق بۇتپەرەسلىكى، ئاسىيلىقى ۋە ئاچكۆزلۈكىدىن زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ (1:6-7:7)؛ بىراق خۇدا تاللىغان «قالدىسى»، يەنى ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۇنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشىپ، كەچۈرۈم قىلىنىپ قۇتقۇزۇلىدۇ (8:7-20).

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ھەربىر «جازالاش خەۋەر»ى بولسا ئۈشبۇ خەۋەرگە ئىشىنىپ تۇۋا قىلغانلار ئۈچۈن ئۈمىدلىك نۇقتا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كۆپچىلىك خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ؛ بىراق مىكاھقا دەۋرداش بولغان يەشايا پەيغەمبەرنىڭ سۆزى بويىچە: «بىر «قالدى» قايتىپ كېلىدۇ (ۋە قۇتقۇزۇلىدۇ)» («يەش.» 21:10).

# مىكاھ

## بېشارەتلەر 1-قاتار

### بارلىق ئەللەر، ئاڭلاڭلار! سامارىيە ۋە يەھۇدانىڭ ھالىغا ۋاي!

1 [1]پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ــ يوتام، ئاھاز ۋە ھەزەكىيا يەھۇداغا
پادىشاھ بولغان كۈنلەردە مورەشەتلىك مىكاھغا كەلگەن: ــ
ئۇ بۇلارنى سامارىيە ۋە يېرۇسالېم توغرىسىدا كۆرگەن.
[2]ئاڭلاڭلار، ئى خەلقلەر، ھەممىڭلار!
قۇلاق سال، ئى يەر يۈزى ۋە ئۇنىڭدا بولغان ھەممىڭلار: ــ
رەب پەرۋەردىگار سىلەرنى ئەيىبلەپ گۇۋاھلىق بەرسۇن،
رەب مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدىن سىلەرنى ئەيىبلەپ گۇۋاھلىق
بەرسۇن!
[3]چۈنكى مانا، پەرۋەردىگار ئۆز جايىدىن چىقىدۇ؛
ئۇ چۈشۈپ، يەر يۈزىدىكى يۇقىرى جايلارنى چەيلەيدۇ؛
[4]ئۇنىڭ ئاستىدا تاغلار ئېرىپ كېتىدۇ،
جىلغىلار يېرىلىدۇ،
خۇددى موم ئوتنىڭ ئالدىدا ئېرىگەندەك،
سۇلار تىك ياردىن تۆكۈلگەندەك بولىدۇ.

---

**2:1** قان. 1:32؛ يەش. 2:1

**3:1** «... ئۇ پەرۋەردىگار چۈشۈپ، يەر يۈزىدىكى يۇقىرى جايلارنى چەيلەيدۇ» ــ
«كىرىش سۆز»دە ئېيتقىنىمىزدەك، «ئىسرائىل (ۋە باشقا ئەللەر) ئۈچۈن «يۇقىرى جايلار» بۇتلارغا،
جىن-شەيتانلارغا ئاتالغان جايلار ئىدى.

**3:1** قان. 13:32؛ 29:33؛ زەب. 3:115؛ يەش. 21:26؛ ئام. 13:4

**4:1** «چۈنكى مانا، پەرۋەردىگار ئۆز جايىدىن چىقىدۇ... 3-ئايەت ئۇ چۈشۈپ، يەر
يۈزىدىكى يۇقىرى جايلارنى چەيلەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئاستىدا تاغلار ئېرىپ كېتىدۇ...» ــ
دېمىسەكمۇ، بۇ ئاخىرقى زاماندىكى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نى كۆرسىتىدۇ.

**4:1** ھاك. 5:4؛ زەب. 7:18-9؛ زەب. 2:68، 8؛ زەب. 5:97؛ ئام. 5:9

5 بۇنىڭ ھەممىسى ياقۇپنىڭ ئىتائەتسىزلىكى،
ئىسرائىل جەمەتىدىكى گۇناھلار تۈپەيلىدىن بولىدۇ؛
ياقۇپنىڭ ئىتائەتسىزلىكى نەدىن باشلانغان؟ ئۇ سامارىيەدىن باشلانغان ئەمەسمۇ؟
يەھۇدادىكى «يۇقىرى جايلار»نى ياساش نەدىن باشلانغان؟ ئۇلار يېرۇسالېمدىن باشلانغان ئەمەسمۇ؟
6 شۇڭا مەن سامارىيەنى ئېتىزدىكى تاش دۆۋىسىدەك،
ئۈزۈم تاللىرى تىكىشكە لايىق جاي قىلىۋېتىمەن؛
مەن ئۇنىڭ تاشلىرىنى جىلغىغا دومىلىتىپ تاشلايمەن،
ئۇنىڭ ئۇللىرىنى يالىڭاچلايمەن؛
7 ئۇنىڭ بارلىق ئويما مەبۇدلىرى پارا-پارا چېقىۋېتىلىدۇ؛
ئۇنىڭ پاھىشىلىكتىن ئېرىشكەن بارلىق ھەدىيەلىرى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ؛
بارلىق بۇتلىرىنى ۋەيرانە قىلىمەن؛
چۈنكى ئۇ پاھىشە ئايالنىڭ ھەققى بىلەن بۇلارنى يىغىپ توپلىدى؛
ئۇلار يەنە پاھىشە ئايالنىڭ ھەققى بولۇپ قايتىپ كېتىدۇ.

---

5:1 **«ياقۇپنىڭ ئىتائەتسىزلىكى نەدىن باشلانغان؟ ئۇ سامارىيەدىن باشلانغان ئەمەسمۇ؟ يەھۇدادىكى «يۇقىرى جايلار»نى ياساش نەدىن باشلانغان؟ ئۇلار يېرۇسالېمدىن باشلانغان ئەمەسمۇ؟»** — ئىسرائىل ۋە يەھۇدادا «يۇقىرى جايلار» بۇتپەرەسلىككە ئائىت، يىرگىنچلىك جايلارغا ئايلاندۇرۇلغانىدى. «يۇقىرى جايلار» ياساش «يېرۇسالېمدىن باشلانغان» — سۇلايمان پادىشاھنىڭ بۇ ئىشلاردا ئەيىبى بار ئىدى («2پاد.» 7:11نى كۆرۈڭ).
6:1 **«شۇڭا مەن سامارىيەنى ئېتىزدىكى تاش دۆۋىسىدەك، ئۈزۈم تاللىرى تىكىشكە لايىق جاي قىلىۋېتىمەن»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇڭا مەن سامارىيەنىئېتىزدىكى تاش دۆۋىسىدەك، يېڭىلا تىكىلگەن ئۈزۈمزارلىقتەك قىلىۋېتىمەن». **«مەن ئۇنىڭ تاشلىرىنى جىلغىغا دومىلىتىپ تاشلايمەن»** — سامارىيەدىكى ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر ئاجايىب ھەيۋەتلىك چوڭ تاشلاردىن ياسالغانىدى (ئومرى دېگەن پادىشاھنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ). **«... دومىلىتىپ تاشلايمەن»** — ئىبرانىي تىلىدا «... تۆكۈپ تاشلايمەن».
7:1 **«چۈنكى ئۇ سامارىيە پاھىشە ئايالنىڭ ھەققى بىلەن بۇلارنى يىغىپ توپلىدى؛ ئۇلار يەنە پاھىشە ئايالنىڭ ھەققى بولۇپ قايتىپ كېتىدۇ»** — «پاھىشە ئايالنىڭ ھەققى» توغرۇلۇق: — «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتىلغاندەك، ئىسرائىل ۋە يەھۇدانىڭ بۇتپەرەسلىكى ھەرخىل

[8] بۇلار ئۈچۈن مەن ئاھ-زار كۆتۈرىمەن،
مەن ھۇۋلايمەن؛
يالىڭاياق، يالىڭاچ دېگۈدەك يۈرىمەن؛
مەن چىلبۆرىلەردەك ھۇۋلايمەن؛
ھۇۋقۇشلاردەك ماتەم تۇتۇپ يۈرىمەن.
[9] چۈنكى ئۇنىڭ يارىلىرى داۋالىغۇسىزدۇر،
ئۇ ھەتتا يەھۇداغىچىمۇ يېتىپ،
خەلقىمنىڭ دەرۋازىسىغا، يەنى يېرۇسالېمغىچە يامرىدى.
[10] بۇ ئاپەتنى گات شەھىرىدە سۆزلىمەڭلار،

---

شەھۋانىيلىك بىلەن ئارىلاشقان. بۇتخانىلارغا مەخسۇس «ئاتاپ بېغىشلىغان» پاھىشە ئاياللار بىلەن بىللە يېتىش بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ بىر پائالىيىتى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇتخانىلار ۋە ئۇلارنى باشقۇرغۇچىلار بۇ ئارقىلىق بېيىپ كەتكەنىدى. «پاھىشە ئايالنىڭ ھەققى بولۇپ قايتىپ كېتىدۇ» — ئىسرائىلنى ئىشغال قىلغۇچى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى ۋە كېيىن بابىل ئىمپېرىيەسى بەلكىم مۇشۇ بۇتپەرەسلىكتىن ئېرىشكەن مال-دۇنيالىرىنى ئوخشاش يولدا (ئۆزلىرىنىڭ بۇتخانىلىرىنى سېلىپ، بۇتپەرەسلىك-پاھىشىۋازلىق ئارقىلىق بېيىشقا) ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن!
—باشقا بىرخىل چۈشەنچىسى: — پاھىشىۋازلىق ئارقىلىق ئېرىشەلگەن شۇ كۈمۈش بۇتلارغا ھەل بېرىشكە ئىشلەتكەن؛ تاجاۋۇزچىلار كۈمۈشنى قايتىدىن ئېرىتىپ، ئۇنى تەڭگىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ؛ ئاندىن ئۇ قايتىدىن «پاھىشە ئايالنىڭ ھەققى»گە ئىشلىتىلىشى مۇمكىن.
8:1 **«بۇلار ئۈچۈن مەن ئاھ-زار كۆتۈرىمەن، مەن ھۇۋلايمەن ... مەن چىلبۆرىلەردەك ھۇۋلايمەن؛ ھۇۋقۇشلاردەك ماتەم تۇتۇپ يۈرىمەن»** — مىكاھ پەيغەمبەر سامارىيەدىكىلەرگە ئىنتايىن كۆيۈنگىنى ئۈچۈن قاتتىق ئازابلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارغا كەلگۈسى ئاپەتنى كۆرسىتىدىغان «رەسىم بولۇش» ئۈچۈن، خەلقنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ تېزلا رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئالدىدا يالىڭاچ (بەلكىم «يېرىم يالىڭاچ») يۈرىدۇ.
**8:1** ئايۇپ 29:30
9:1 **«ئۇ ھەتتا يەھۇداغىچىمۇ يېتىپ،...»** — مۇشۇ يەردە «ئۇ» ئاپەت ياكى «سامارىيەنىڭ يارىلىرى»نى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇ ئاپەت ھەتتا يەھۇداغىچىمۇ يېتىپ، ... يېرۇسالېمغىچە يامرىدى»** — 10-16-ئايەتلەردە مىكاھ ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ يەھۇدانى ئىشغال قىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتىدۇ. مۇشۇ ئايەتلەردىكى 11 شەھەرنىڭ ھەربىرى پەيغەمبەرنىڭ يۇرتى «مورەشەت»تىن كۆپ دېگەندە 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، «مورەشەت»تە تۇرۇپ كۆرگىلى بولاتتى. مىكاھ ھەربىر شەھەرنىڭ ناملىرىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۇنىڭغا ماسلاشقان سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈپەتلىگەن. دەرۋەقە ھەربىر شەھەر ئاخىرىدا ئاسۇرىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

قەتئىي يىغلىماڭلار؛
بەيت-لە-ئافراھ شەھىرىدە توپا-چاڭدا ئېغىناڭلار!
[11] ئى شافىردا تۇرۇۋاتقان قىز، يالىڭاچلىق ۋە شەرمەندىلىك ئىچىدە
ئەسىرلىككە ئۆت؛
زائاناندا تۇرۇۋاتقان قىزلار تالاغا ھېچ چىققان ئەمەس؛
بەيت-ئېزەل ئاھ-زارلار كۆتۈرمەكتە؛
«خۇدا سەندىن مۇقىم جايىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ!»
[12] ماروتتا تۇرۇۋاتقان قىز ياخشىلىققا تەلمۈرۈپ تىت-تىت بولۇۋاتىدۇ؛
بىراق يامانلىق پەرۋەردىگاردىن يېرۇسالېم دەرۋازىسىغا چۈشتى.
[13] تۇلپارنى جەڭ ھارۋىسىغا قات، ئى لاقىشتا تۇرۇۋاتقان قىز؛
(لاقىش بولسا، زىئون قىزىغا گۇناھنىڭ باشلانغان يېرى ئىدى!)

---

**10:1 «بۇ ئاپەتنى گات شەھىرىدە سۆزلىمەڭلار، قەتئىي يىغلىماڭلار»** — «گات» دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى «يىغا»غا يېقىن. **«بەيت-لە-ئافراھ شەھىرىدە توپا-چاڭدا ئېغىناڭلار!»** — «بەيت-لە-ئافراھ» «توپا-چاڭلىق يۇرت» دېگەن مەنىدە.

**10:1** 2سام. 1:20؛ يەر. 26:6

**11:1 «ئى شافىردا تۇرۇۋاتقان قىز، يالىڭاچلىق ۋە شەرمەندىلىك ئىچىدە ئەسىرلىككە ئۆت»** — «سافىر»نىڭ مەنىسى «گۈزەللىك»، «يېقىملىق». **«خۇدا سەندىن مۇقىم جايىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ!»** — ئىبرانيي تىلىدا «ئۇ سەندىن مۇقىم جايىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ!». **«زائانىندا تۇرۇۋاتقان قىزلار تالاغا ھېچ چىققان ئەمەس»** — «زائانان»نىڭ تەلەپپۇزى «چىقىش» دېگەن سۆزگە يېقىن. **«بەيت-ئېزەل ئاھ-زارلار كۆتۈرمەكتە؛ خۇدا سەندىن مۇقىم جايىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ!»** — «بەيت-ئېزەل» دېگەن «ئېلىپ كېتىش»كە يېقىن ئاھاڭدا.

—ئايەتتىكى ئىككىنچى قىسمىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «زائاناندا تۇرۇۋاتقان قىزلار بەيت-ئېزەلنىڭ ئاھ-زارلىرىغا چىققان ئەمەس؛ سەندىن مۇقىم جايىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ».

**11:1** يەش. 3:47

**12:1 «ماروتتا تۇرۇۋاتقان قىز ياخشىلىققا تەلمۈرۈپ تىت-تىت بولۇۋاتىدۇ»** — «ماروت» دېگەننىڭ مەنىسى «ئاچچىق» — ئۇلار «يامانلىق»نىڭ ئاچچىقلىقىنى تېتىيدۇ. **«...يامانلىق پەرۋەردىگاردىن يېرۇسالېم دەرۋازىسىغا چۈشتى»** — سەنناخېرىب يەھۇدادىكى نۇرغۇن شەھەرلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلالماي دەرۋازىسى ئالدىغا توختاپ قالدى. ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى.

**12:1** ئام. 6:3

**چۈنكى سەندە ئىسرائىلنىڭ ئىتائەتسىزلىكى تېپىلىدۇ.**
**14 شۇڭا سەن خۇشلىششىش ھەدىيىلىرىنى مورەشەت-گات شەھىرىگە**
**بېرىسەن؛**
**ئاقزىبنىڭ دۇكاندارلىرى ئىسرائىل پادىشاھلىرىغا يالغانچىلىق**
**يەتكۈزىدۇ؛**
**15 مەن تېخى ساڭا بىر «مىراسخور» ئەپكېلىمەن، ئى مارەشاھ**
**شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان قىز؛**
**ئىسرائىلنىڭ شان-شەرىپى ئادۇللامغىمۇ چۈشۈپ كېلىدۇ.**

---

13:1 **«تۇلپارنى جەڭ ھارۋىسىغا قات، ئى لاقىشتا تۇرۇۋاتقان قىز»** — ئىبرانىي تىلىدا «لاقىش»نىڭ تەلەپپۇزى «ئات»قا يېقىن. لاقىش شۇ رايوندىكى ئەڭ كۈچلۈك شەھەر؛ ئاتقا تايىنىشنىڭ ئۆزى بىر گۇناھ. خۇدا ئىسرائىلغا «ئاتقا تايىنىش»نى قەتئىي مەنئى قىلغانىدى («قان.» 17-باب). ئۇلارنىڭ ئاتلارغا تايىنىشى بەلكىم يەھۇداغا سەلبىي ئۈلگە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. **«لاقىش بولسا، زىئون قىزىغا گۇناھنىڭ باشلانغان يېرى ئىدى!»** — لاقىش شەھىرى يەھۇدادا بولغىنى بىلەن بىرىنچى بولۇپ شىمالىي پادىشاھلىقنىڭ تۇنجى بۇتپەرەس پادىشاھى يەروبوئام (I)نىڭ رەزىللىكىنىڭ تەسىرنى قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك. خەرىتىلەرنى كۆرۈڭ.

14:1 **«سەن خۇشلىششىش ھەدىيىلىرىنى مورەشەت-گات شەھىرىگە بېرىسەن»** — «مورەشەت-گات» دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى «مىراسنى ئېلىش» ياكى «مىراستىن مەھرۇم بولۇش» (ئىبرانىي تىلىدا «مورەش»، ئەرەب تىلىدا «مىراس»). ئۇلار ئۆز «مىراس»ىدىن ئايرىلىدى، مىراسىغا «ئەلۋىدا» دېيىشى كېرەك. **«ئاقزىبنىڭ دۇكاندارلىرى ئىسرائىل پادىشاھلىرىغا يالغانچىلىق يەتكۈزىدۇ»** — «ئاقزىب»نىڭ مەنىسى «ئالدامچىلىق»، يەھۇدا پادىشاھلىقىغا جايلاشقان. يەھۇدا پادىشاھلىرى (شۇنداقلا ئىسرائىل پادىشاھلىرى) ئاقزىب شەھىرىنىڭ دۇكانلىرىدىن كۆپ پايدا كۆرگەنىدى («1تار.» 4:21-23). دۈشمەن قوشۇنى ئىسرائىل پادىشاھلىقىغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، سامارىيە پادىشاھلىرى جىددىي ھاجەتكە چۈشكەندە، ئاقزىبتىكىلەر ئۇلارغا بۇرۇنقىدەك سودا-سېتىق قىلىپ كېرەكلىك تەمىناتلارنى ئەۋەتەلمەي، ئۇلارغا «يالغانچى» بولۇپ قالىدۇ.

15:1 **«مەن تېخى ساڭا بىر «مىراسخور» ئەپكېلىمەن، ئى مارەشاھ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان قىز»** — ئىبرانىي تىلىدا «مارەشاھ» ۋە «مىراسخور» يېقىن سۆز. «مىراسخور» ئەلۋەتتە كىنايىلىك گەپ، ئۇ ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىبنى كۆرسىتىدۇ. **«ئىسرائىلنىڭ شان-شەرىپى ئادۇللامغىمۇ چۈشۈپ كېلىدۇ»** — «ئادۇللام» ئەسلىدە داۋۇت پەيغەمبەر (يىگىت ۋاقتىدا) سائۇل پادىشاھتىن قېچىپ، كىرىۋالغان غار ئىدى. دېمەك، ئىسرائىل، جۈملىدىن ئۇنىڭ پادىشاھى ۋە «شان-شەرىپى» بولغان بۇتلار يەنە قېچىشى كېرەك. بىراق بۇ سۆزنىڭ ئىچىدىكى مەنىسىدە يەنە ئۈمىد بار. داۋۇت پەيغەمبەر «ئادۇللام»دا يوشۇرۇنغاندىن كېيىن، جاپالىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئاخىردا ئىسرائىلنىڭ شەرەپلىك پادىشاھى بولۇپ چىققان. ئىسرائىل بەلكىم ئۇنىڭغا ئوخشاش

16 ئۆزۈڭنى تاقىرباش قىل،
زوقۇڭ بولغان بالىلار ئۈچۈن چىچىڭنى چۈشۈرۈۋەت؛
قورۇلتازدەك ئايدىڭباشلىقىڭنى كېڭەيت،
چۈنكى ئۇلار سەندىن ئايرىلىپ سۈرگۈن بولۇشقا كەتتى.

## جەبىر-زۇلۇم ئۆستىگە چۈشىدىغان جازا

2 1 ئورنىدا يېتىپ قەبىھلىكنى ئويلايدىغانلارغا ۋە يامانلىق ئەيلىگۈچىلەرگە ۋاي!
پەقەت ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلسىلا، ئۇلار تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇنى ئادا قىلىدۇ؛
2 ئۇلارنىڭ ئاچكۆز كۆزى ئېتىزلارغا چۈشسىلا، ئۇلار زوراۋانلىق قىلىپ بۇلىۋالىدۇ؛
ئۆيلەرگىمۇ قىزىقىپلا قالسا، بۇلارنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ؛
ئۇلار باتۇر كىشىنىمۇ جەمەتى بىلەن بۇلايدۇ،
ئادەمنى ئۆز مىراسلىرى بىلەن قوشۇپ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ.
3 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
مانا، مەن بۇ ئائىلىگە قاراپ، بويۇنلىرىڭلاردىن چىقىرالمايدىغان يامان بىر بويۇنتۇرۇقنى ئويلاپ تەييارلىۋاتىمەن؛
سىلەر ئەمدى گىدىيىپ ماڭمايسىلەر؛

---

جاپالىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن شەرەپلىك كۈنلەرنى يەنە كۆرىدۇ. مەزكۇر بىشارەت يەنە مەسىھ («ئىسرائىلنىڭ شان-شەرىپى»)نىڭ كەلگۈسىدە ئىسرائىلنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئازابقا چۈشۈشىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن.
16:1 **«ئۆزۈڭنى تاقىرباش قىل، زوقۇڭ بولغان بالىلار ئۈچۈن چىچىڭنى چۈشۈرۈۋەت؛ قورۇلتازدەك ئايدىڭباشلىقىڭنى كېڭەيت،...»** ــ چاچلارنى چۈشۈرۈش ماتەمنىڭ بىرخىل ئىپادىسى.
2:2 **«.. باتۇر كىشىنىمۇ جەمەتى»** ــ ياكى «... باتۇر كىشىنىمۇ ئۆيى».
2:2 يەش. 8:5

چۈنكى شۇ كۈنلەر يامان كۈنلەر بولىدۇ.
4 شۇ كۈنى ئۇلار سىلەر توغراڭلاردا تەمسىلنى تىلغا ئېلىپ،
ئېچىنىشلىق بىر زار بىلەن زارلايدۇ: ــ
«بىز پۈتۈنلەي بۇلاڭ-تالاڭ قىلىندۇق!؛
ئۇ خەلقىمىنىڭ نېسىۋىسىنى باشقىلارغا بۆلۈۋەتتى؛
ئۇنى مەندىن شۇنچە دەھشەتلىك مەھرۇم قىلدى!
ئۇ ئېتىزلىرىمىزنى مۇناپىققا تەقسىم قىلىپ بەردى!
5 شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتى ئارىسىدىن،
سىلەردە چەك تاشلاپ زېمىن ئۈستىگە تانا تارتىپ نېسىۋە بۆلگۈچىدىن
بىرسىمۇ قالمايدۇ.

## ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇدانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن رەنجىشى

6 ئۇلار: «بېشارەت بەرمەڭلار!» ــ دەپ بېشارەت بېرىدۇ!
ئەگەر پەيغەمبەرلەر بۇ ئىشلار توغرۇلۇق بېشارەت بەرمىسە، ئەمدى بۇ
ئار-نومۇس بىزدىن ھەرگىز كەتمەيدۇ!
7 ئى ياقۇپ جەمەتى،
«پەرۋەردىگارنىڭ روھى سەۋر-تاقەتسىزمۇ؟

---

**3:2** ئام. 13:5

**4:2** «ئۇ پەرۋەردىگار ئېتىزلىرىمىزنى مۇناپىققا تەقسىم قىلىپ بەردى!» ــ «مۇناپىق» بەلكىم ئۆز ئەھدىسىدە ھېچ تۇرمايدىغان ئاسۇرىيە پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ.

**5:2** قان. 8:32، 9

**6:2** «ئۇلار: «بېشارەت بەرمەڭلار!» ــ دەپ بېشارەت بېرىدۇ! ئەگەر پەيغەمبەرلەر بۇ ئىشلار توغرۇلۇق بېشارەت بەرمىسە، ئەمدى بۇ ئار-نومۇس بىزدىن ھەرگىز كەتمەيدۇ!» ــ بۇ ئايەتتە «بېشارەت بېرىش» دېگەن پېئىلنىڭ يەنە بىر تەرجىمىسى: «شال چېچىش» (كىنايىلىك گەپ).
—باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى؛ (1) «بۇ ئىشلار توغرۇلۇق بېشارەت بەرمەسلىك كېرەك!» (ئۇلار دەيدۇ) «ئەمدى ئار-نومۇس (بىزدىن) ھەرگىز كەتمەيدۇ!» (مىكاھ دەيدۇ)؛ (2) «دەرۋەقە ئۇلار (پەيغەمبەرلەر) بۇ ئىشلار توغرۇلۇق بېشارەت بېرىشكە توختايدۇ! ئەمدى ئار-نومۇس بىزدىن كەتمەيدۇ!».

**6:2** يەش. 10:30؛ ئام. 16:7

**بۇ ئىشلار راست ئۇنىڭ قىلغانلىرىمۇ؟» ــ دېگىلى بولامدۇ؟**
**مېنىڭ سۆزلىرىم دۇرۇس ماڭغۇچىغا ياخشىلىق كەلتۈرمەمدۇ؟**
**8 بىراق تۈنۈگۈنلا مېنىڭ خەلقىم ھەتتا دۈشمەندەك ئورنىدىن قوزغالدى؛**
**سىلەر خاتىرجەملىكتە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ تونىنى ئىچ كىيىملىرى بىلەن سالدۇرۇۋالىسىلەركى،**
**ئۇلارنى خۇددى ئۇرۇشتىن قايتقانلاردەك كىيىمسىز قالدۇرىسىلەر.**
**9 خەلقىم ئارىسىدىكى ئاياللارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىللىق ئۆيلىرىدىن قوغلايسىلەر؛**
**ئۇلارنىڭ ياش بالىلىرىنى سىلەر مېنىڭ گۈزەل گۆھىرىمدىن مەڭگۈگە مەھرۇم قىلىسىلەر.**
**10 ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ نېرى كېتىڭلار؛**
**چۈنكى ھالاكەتنى،**
**يەنى ئازابلىق بىر ھالاكەتنى كەلتۈرىدىغان ناپاكلىق تۈپەيلىدىن،**
**بۇ يەر سىلەرگە تەۋە ئارامگاھ بولمايدۇ.**
**11 ئەگەر بىھۇدىلىكتە، يالغانچىلىقتا يۈرگەن بىرسى يالغان گەپ قىلىپ: ــ**

---

7:2 **«ئى ياقۇپ جەمەتى، «پەرۋەردىگارنىڭ روھى سەۋر-تاقەتسىزمۇ؟ بۇ ئىشلار راست ئۇنىڭ قىلغانلىرىمۇ؟» ــ دېگىلى بولامدۇ؟»** ــ دېمەك، ئىسرائىل (شۇبۇھىسىزكى، ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىملىرى بىلەن): «خۇدا بىزنى سۆيىدۇ، بىز خۇدانىڭ ئالاھىدە خەلقى، ئۇ بىزگە ھەرگىز يامانلىقنى يەتكۈزمەيدۇ» ــ دەۋېرىدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئى «ياقۇپ جەمەتى» دەپ ئاتالغۇچى، پەرۋەردىگار سەۋر-تاقەتسىزمۇ؟ بۇلار (بۇ يامان ئىشلار) ئۇنىڭ قىلغانلىرىمۇ؟»».

8:2 **«... سىلەر خاتىرجەملىكتە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ تونىنى ئىچ كىيىملىرى بىلەن سالدۇرۇۋالىسىلەركى، ئۇلارنى خۇددى ئۇرۇشتىن قايتقانلاردەك كىيىمسىز قالدۇرىسىلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خۇددى ئۇرۇشتىن قايتىۋاتقانلاردىن ئالغاندەك سىلەر ئۇلارنىڭ تونىنى ئىچ كىيىملىرى بىلەن ئېلىپ بۇلىسىلەر» (ئۇرۇشتىن قايتقانلار بولسا خاتىرجەملىكتە ماڭىدۇ، ئەلۋەتتە).

9:2 **«مېنىڭ گۈزەل گۆھىرىم»** ــ (ياكى «مېنىڭ زىبۇزىنىتىمدىن») ــ بەلكىم قانائان زېمىنىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

«مەن شاراب ۋە ھاراقلا تايىنىپ سىلەرگە بېشارەت بېرىمەن» ــ دېسە، مانا، ئۇ شۇ خەلققە پەيغەمبەر بولۇپ قالىدۇ!

## خۇدانىڭ «ئىسرائىلنىڭ قالدىسى»غا بولغان ۋەدىسى

12 مەن چوقۇم سېنى بىر پۈتۈن قىلىپ ئۇيۇشتۇرىمەن، ئى ياقۇپ؛
مەن چوقۇم ئىسرائىلنىڭ قالدىسىنى يىغىمەن؛
مەن ئۇلارنى بوزراھدىكى قويلاردەك،
ئۆز يايلىقىدا يىغىلغان بىر پادىدەك جەم قىلىمەن؛
ئۇلار ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇققا تولىدۇ.
13 بىر «بۆسۈپ ئۆتكۈچى» ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ماڭىدۇ؛
ئۇلار بۆسۈپ چىقىپ، قوۋۇققا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن چىقتى؛
ئۇلار بۆسۈپ چىقتى،
يەنى قوۋۇققا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن چىقتى؛
ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئۇلارنىڭ ئالدىدا،
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭىدۇ.

## بېشارەتلەر 2-قاتار

---

11:2 **«مەن شاراب ۋە ھاراقلا تايىنىپ سىلەرگە بېشارەت بېرىمەن...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىرسى «شاراب ھەم ھاراقنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرىمەن» دېسە، ئۇ مۇشۇ خەلققە تازا مۇۋاپىق بىر پەيغەمبەر بولىدۇ».

12:2 **«ئۆز يايلىقىدا يىغىلغان بىر پادىدەك جەم قىلىمەن؛ ئۇلار ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇققا تولىدۇ»** ــ بەزى ئالىملار «ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى»نى دۈشمەنلەرنىڭ كۆپلۈكى، دەپ قارايدۇ. بىراق بىر پادا قويلار جەم قىلىنغىنىدا، بەربىر چوڭ «ۋاراڭ-چۇرۇڭ» كۆتۈرىلىدۇ.

**12:2** يەر. 13:49، 14؛ ۋەھ. 6:12

13:2 **«بىر «بۆسۈپ ئۆتكۈچى» ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ماڭىدۇ؛ ئۇلار بۆسۈپ چىقىپ، قوۋۇققا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن چىقتى؛ ئۇلار بۆسۈپ چىقتى، ... ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئۇلارنىڭ ئالدىدا، پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭىدۇ»** ــ بۇ ئۇلۇغ بېشارەت خۇدانىڭ يەھۇدانى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىدىن قۇتقۇزىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ بىرىنچىچە بېشارەت يەنە ئىككى قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

—«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز ئۇ توغرۇلۇق يەنە ئازراق شەرھلەيمىز.

**13:2** يەش. 32:4-5؛ 52:12؛ ھوش. 1:11؛ زەك. 12:8؛ مات. 3:5؛ 11:11-14؛ يۇھ. 2:10-4

## يېتەكچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

3 [1] مەن مۇنداق دېدىم: «ئاڭلاڭلار، ئى ياقۇپنىڭ ھاكىملىرى،
ئىسرائىل جەمەتىنىڭ ئەمىرلىرى!
ئادىل ھۆكۈمنى بىلىش سىلەرگە خاس ئەمەسمۇ؟
[2-3] ئى ياخشىلىقنى ئۆچ كۆرگۈچى،
يامانلىقنى ياخشى كۆرگۈچىلەر ــ
سىلەر ئۆز خەلقىمدىن تېرىسىنى،
ئۇستىخانلىرىدىن گۆشىنى يۇلىدىغان،
ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيدىغان،
تېرىسى سويۇلغۇچە ئۇستىدىن ساۋايدىغان،
ئۇستىخانلىرىنى چاقىدىغان،
ئۇلارنى قازانغا تەييارلىغاندەك،
داشقازاندىكى گۆشنى توغرىغاندەك توغرايسىلەر!
[4] بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارغا نىدا قىلىدۇ،
بىراق ئۇ ئۇلارنى ئاڭلىمايدۇ؛
ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىكى ھەر تۈرلۈك قەبىھلىكى ئۈچۈن،
ئۇ چاغدا ئۇ يۈزىنى ئۇلاردىن قاچۇرۇپ يوشۇرىدۇ!».

## ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

[5] پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى ئازدۇرغۇچى پەيغەمبەرلەر توغرۇلۇق مۇنداق
دەيدۇ: ــ
(ئۇلار چىشلىرى بىلەن چىشلەيدۇ،

---

1:3 «مەن مۇنداق دېدىم: «ئاڭلاڭلار، ئى ياقۇپنىڭ ھاكىملىرى، ئىسرائىل جەمەتىنىڭ ئەمىرلىرى! ... » ــ 1-4-ئايەتتە سۆزلىگۈچى بەلكىم پەيغەمبەر ئۆزى. —«ياقۇپ» ۋە «ئىسرائىل» مۇشۇ يەردە شۈبھىسىزكى، ئىككى پادىشاھلىقنى تەڭ كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئايەتكە قارىغاندا، چىرىكلىشىش مەملىكەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورۇنلىرىغا ۋە سوتخانىلىرىغا سىڭىپ كىرگەنىدى؛ بىراق ئۇ پادىشاھى ھەزەكىيانى تىلغا ئالمايدۇ؛ ھەزەكىيا ئىخلاسمەن ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆزى مۇشۇ گۇناھلاردىن خالىي بولغان.

«ئامان-تىنچلىق!» دەپ ۋارقىرايدۇ،
كىمەركىم ئۇلارنىڭ گېلىنى مايلىمىسا،
شۇلارغا قارشى ئۇرۇش ھازىرلايدۇ!)
[6] ــ شۇڭا سىلەرنى «ئالامەت كۆرۈنۈش»نى كۆرمەيدىغان بىر كېچە،
پال سالغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇق باسىدۇ؛
پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن قۇياش پاتىدۇ، كۈن ئۇلار ئۈستىدە قارا بولىدۇ؛
[7] «ئالامەت كۆرۈنۈشنى كۆرگۈچىلەر» شەرمەندە بولىدۇ،
پالچىلار يەرگە قارىتىلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى كالپۇكلىرىنى توسۇپ يۈرىدۇ؛
چۈنكى خۇدادىن ھېچ جاۋاب كەلمەيدۇ.
[8] بىراق مەن بولسام پەرۋەردىگارنىڭ روھىدىن كۈچكە تولغانمەن،
ياقۇپقا ئۆزىنىڭ ئىتائەتسىزلىكىنى،
ئىسرائىلغا ئۇنىڭ گۇناھىنى جاكارلاش ئۈچۈن،
توغرا ھۆكۈملەرگە ھەم قۇدرەتكە تولغانمەن.
[9] بۇنى ئاڭلاڭلار، ئۆتۈنىمەن، ئى ياقۇپ جەمەتىنىڭ ھاكىملىرى،
ئىسرائىل جەمەتىنىڭ ئەمىرلىرى!
ئادىل ھۆكۈمگە ئۆچ بولغانلار،
بارلىق ئادالەتنى بۇرمىلايدىغانلار،
[10] زىئوننى قان تۆكۈش بىلەن،

5:3 **«كىمەركىم ئۇلارنىڭ گېلىنى مايلىمىسا، ...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كىمەركىم ئۇلارنىڭ ئاغزىغا بىر نەرسە سالمىسا،..».

**5:3** مىك. 11:2

**6:3** يەر. 9:15؛ يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ ئام. 9:8

7:3 **«ئۇلارنىڭ ھەممىسى كالپۇكلىرىنى توسۇپ يۈرىدۇ...»** ــ كالپۇكلارنى توسۇش ئادەتتە خىجىللىقنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن مۇقەددەس قانۇن بويىچە يۇقۇملۇق كېسەل بولغان ئادەملەر ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كالپۇكلىرىنى توسۇپ «ناپاك، ناپاك!» دەپ ۋارقىرىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئايەت بۇ ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ ناپاك سۆزلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**9:3** ئام. 7:5؛ 12:6

يېرۇسالېمنى ھەققانىيەتسىزلىك بىلەن قۇرىدىغانلار!
11 زىئوننىڭ ھاكىملىرى پارىلار ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىدۇ،
كاھىنلار «ئىش ھەققى» ئۈچۈن تەلىم بېرىدۇ؛
«پەيغەمبەرلەر» پۇل ئۈچۈن پالچىلىق قىلىدۇ؛
بىراق ئۇلار «پەرۋەردىگارغا تايىنار»مىش تېخى،
ۋە: ــ «پەرۋەردىگار ئارىمىزدا ئەمەسمۇ؟
بىزگە ھېچ يامانلىق چۈشمەيدۇ» ــ دېيىشىدۇ.
12 شۇڭا سىلەرنىڭ ۋەجەڭلاردىن زىئون تېغى ئېتىزدەك ئاغدۇرۇلىدۇ،
يېرۇسالېم دۆڭ-تۆپىلىك بولۇپ قالىدۇ،
«ئۆي جايلاشقان تاغ» بولسا ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى جايلاردەكلا بولىدۇ، خالاس.

---

10:3 **«زىئوننى قان تۆكۈش بىلەن، يېرۇسالېمنى ھەققانىيەتسىزلىك بىلەن قۇرىدىغانلار!»** ــ شۈبھىسىزكى، يېرۇسالېمدا نۇرغۇن ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر پەيدا بولغانىدى. بىراق ھەممىسى ئادالەتسىزلىككە تايىنىپ ياسالغان.

**10:3** ئەز. 27:22؛ زەف. 3:3

11:3 **««پەيغەمبەرلەر» پۇل ئۈچۈن پالچىلىق قىلىدۇ؛...»** ــ خۇدانىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەرگىز پالچىلىق ئىشلىرىنى قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھەقىقىي پەيغەمبەرلەرنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن «پالچىلىق»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەر توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

12:3 **««ئۆي جايلاشقان تاغ» بولسا ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى جايلاردەكلا بولىدۇ، خالاس»** ــ مىكاھ ئۆز دەۋرىدىكى «مۇقەددەس ئۆي» ياكى «ئىبادەتخانا» دېمەيدۇ ــ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇ پەقەت ئاددىي بىر «ئۆي» بولۇپ قالدى.

—بۇ ئايەتتىكى بېشارەت بەلكىم ھەزەكىيا پادىشاھنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. يۈز يىلدىن كېيىن ئوردىدىكى ئەمىرلەر بېشارەتنىڭ ھەزەكىياغا بولغان تەسىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆز پادىشاھى يەھوئاكىمغا بېشارەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ («زىئون تېغى ئېتىزدەك ئاغدۇرۇلىدۇ، يېرۇسالېم دۆڭ-تۆپىلىك بولۇپ قالىدۇ»)، شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان (تەۋرات، «يەرەمىيا» 26-باب).

—«يۇقىرى جايلار» دېگىنى كىنايىلىك گەپتۇر. چۈنكى يەھۇدادىكىلەر ھەردائىم «يۇقىرى جايلار»دا بۇتخانىلارنى سېلىپ شۇ يەردە بۇتلارغا چوقۇنغان. لېكىن شۇ چاغلاردا يېرۇسالېم بۇتقا چوقۇنغان جايدەك «ھارام» بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك ئورمانلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاز-پاز چېلىقىدىغان بىر قىسمىدىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس!

**12:3** مك. 12:3

## ئاخىرقى زامانلاردىكى يېرۇسالېم

4 [1] بىراق ئاخىرقى زاماندا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى جايلاشقان تاغ
تاغلارنىڭ بېشى بولۇپ بېكىتىلىدۇ،
ھەممە دۆڭ-ئېگىزلىكتىن ئۈستۈن قىلىنىپ كۆتۈرۈلىدۇ؛
بارلىق خەلقلەر ئۇنىڭغا قاراپ ئېقىپ كېلىشىدۇ.
[2] نۇرغۇن قوۋم-مىللەتلەر چىقىپ بىر-بىرىگە: ــ
«كېلىڭلار، بىز پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا،
ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېلەيلى؛
ئۇ ئۆز يوللىرىدىن بىزگە ئۆگىتىدۇ،
ۋە بىز ئۇنىڭ ئىزلىرىدا ماڭىمىز» ــ دېيىشىدۇ.
چۈنكى قانۇن-يوليورۇق زىئوندىن،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى يېرۇسالېمدىن چىقىدىغان بولىدۇ.
[3] ئۇ بولسا كۆپ خەلق-مىللەتلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ،
ئۇ كۈچلۈك ئەللەر، يىراقتا تۇرغان ئەللەرنىڭ ھەق-ناھەقلىرىگە
كېسىم قىلىدۇ؛
بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز قىلىچلىرىنى ساپان چىشلىرى،
نەيزىلىرىنى ئورغاق قىلىپ سوقۇشىدۇ؛
بىر ئەل يەنە بىر ئەلگە قىلىچ كۆتۈرمەيدۇ،
ئۇلار ھەم يەنە ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگەنمەيدۇ؛
[4] بەلكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۈزۈم تېلى ۋە ئۆز ئەنجۈر دەرىخى

---

1:4 **«ئاخىرقى زاماندا»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا». **«بارلىق خەلقلەر ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئېقىپ كېلىشىدۇ»** ــ تەۋرات ھەم زەبۇردا «(يات) ئەللەر» ھەم «خەلقلەر» بولسا ئادەتتە ئىسرائىلدىن باشقا بارلىق خەلقلەرنى، يەنى «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نى كۆرسىتىدۇ. «مىكاھ» دېگەن كىتابتا «يات ئەللەر» ياكى «خەلق-مىللەتلەر» دېيىلسە، ھەردائىم مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

1:4 يەش. 2:2-5

3:4 **«... ئۇ بولسا كۆپ خەلق-مىللەتلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ... ئۇلار ھەم يەنە ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگەنمەيدۇ»** ــ يەشايا پەيغەمبەر ئۆز كىتابىدا مۇشۇ ئايەتلەرنى (1-3نى) نەقىل كەلتۈرىدۇ («يەش.»، 2:4).

**ئاستىدا ئولتۇرىدۇ،**
**ۋە ھېچكىم ئۇلارنى قورقاتمايدۇ؛**
**چۈنكى ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق ئېيتتى.**
5 **بارلىق خەلقلەر ئۆز «ئىلاھ»ىنىڭ نامىدا ماڭسىمۇ،**
**بىراق بىز خۇدايىمىز پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا ئەبەدىلئەبەدگىچە ماڭىمىز.**
6 **شۇ كۈندە، — دەيدۇ پەرۋەردىگار، — مەن مېيىپ بولغۇچىلارنى،**
**ھەيدىۋېتىلگەنلەرنى ۋە ئۆزۈم ئازار بەرگەنلەرنى يىغىمەن؛**
7 **ۋە مېيىپ بولغۇچىنى بىر «قالدى»،**
**ھەيدىۋېتىلگەننى كۈچلۈك بىر ئەل قىلىمەن؛**
**شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار زىئون تېغىدا ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدۇ،**
**شۇ كۈندىن باشلاپ مەڭگۈگىچە.**
8 **ۋە سەن، ئى پادىنى كۆزەتكۈچى مۇنار،**
**زىئون قىزىنىڭ ئېگىزلىكى، پادىشاھلىق ساڭا كېلىدۇ: —**
**بەرھەق، ساڭا ئەسلىدىكى ھوقۇق-ھۆكۈمرانلىق كېلىدۇ؛**

---

**4:4 «ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۈزۈم تېلى ۋە ئۆز ئەنجۈر دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرىدۇ» —** بۇنىڭ كۆچمە مەنىسى بەلكىم ھەر كىشى ھەر ئادەم خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ، ئاچكۆزلۈك قىلمايدۇ، دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن.

**4:4** 1پاد. 5:5

**6:4 «مەن مېيىپ بولغۇچىلارنى، ھەيدىۋېتىلگەنلەرنى ۋە ئۆزۈم ئازار بەرگەنلەرنى يىغىمەن» —** «مېيىپ بولغۇچى»، «ھەيدىۋېتىلگەنلەر» ۋە «ئۆزۈم ئازار بەرگەنلەر» دېگەن سۆز ئايالچە رودتىكى ئىسىملاردۇر؛ شۈبھىسىزكى، بۇ ئىسرائىلنىڭ پاناھسىز ئاجىز قىزدەك بولۇدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «مېيىپ بولغۇچى» دېگەن سۆز بەلكىم ھەزرىتى ياقۇپ پەلەستىنگە قايتقان چاغنى، خۇدانىڭ ئۇنىڭ جاھىللىقىنى بىر تەرەپ قىلىپ مېيىپ قىلغاندىن كېيىنكى كۆرسەتكەن شەپقىتىنى ئەسكە كەلتۈرىدۇ («يار.» 32-باب).

**6:4** قان. 3:30، 4، 5

**7:4 «شۇ كۈندىن باشلاپ مەڭگۈگىچە» —** ئىبرانيي تىلدا «ھازىردىن باشلاپ مەڭگۈگىچە».

**7:4** دان. 14:7؛ زەف. 19:3؛ لۇقا 33:1

پادىشاھلىق يېرۇسالېم قىزىغا كېلىدۇ.

## شەرەپتىن ئېلگىرى بولغان ئازاب

9 ئەمدى سەن ھازىر نېمىشقا نىدا قىلىپ نالە كۆتۈرىسەن؟
سەندە پادىشاھ يوقمىدى؟
سېنىڭ مۇشاۋىرىڭمۇ ھالاك بولغانمىدى،
ئايالنى تولغاق تۇتقاندەك ئازابلار سېنى تۇتۇۋالغانمىدى؟
10 ئازابقا چۈش، تولغاق تۇتقان ئايالدەك تۇغۇشقا تولغىنىپ تىرىشقىن،
ئى زىئون قىزى؛
چۈنكى سەن ھازىر شەھەردىن چىقىسەن،
ھازىر دالادا تۇرىسەن،
سەن ھەتتا بابىلغىمۇ چىقىسەن.
سەن ئاشۇ يەردە قۇتقۇزۇلىسەن؛
ئاشۇ يەردە پەرۋەردىگار ساڭا ھەمجەمەت بولۇپ دۈشمەنلىرىڭدىن قۇتقۇزىدۇ.
11 ۋە ھازىر نۇرغۇن ئەللەر: ــ «ئۇ ئاياغ ئاستى قىلىنىپ بۇلغانسۇن!
كۆزىمىز زىئوننىڭ ئىزاسىنى كۆرسۇن!» ــ دەپ ساڭا قارشى جەڭ قىلىشقا يىغىلىدۇ؛

---

8:4 **«پادىنى كۈزەتكۈچى مۇنار»** ــ بەلكىم يېرۇسالېم ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىن پۈتكۈل ئىسرائىل («خۇدانىڭ پادىسى»)نىڭ ئۈستىگە كۈزەتچى، باققۇچى بولۇش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. **«بەرھەق، ساڭا ئەسلىدىكى ھوقۇق-ھۆكۈمرانلىق كېلىدۇ؛ پادىشاھلىق يېرۇسالېم قىزىغا كېلىدۇ»** ــ دېمەك، ئىسرائىل يەنە پادىشاھلىق بولىدۇ، بىراق پادىشاھ خۇدا ئۆزى (مەسىھ ئۇنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا) بولىدۇ (7-ئايەت).

9:4 يەر. 19:8

10:4 **«ئازابقا چۈش، تولغاق تۇتقان ئايالدەك تۇغۇشقا تولغىنىپ تىرىشقىن، ئى زىئون قىزى؛ چۈنكى سەن ھازىر شەھەردىن چىقىسەن، ھازىر دالادا تۇرىسەن، سەن ھەتتا بابىلغىمۇ چىقىسەن»** ــ ئىسرائىل ئاسۇرىيە تەرىپىدىن ئاندىن بابىل (ئاندىن كېيىن يەنە گرېك ۋە رىم ئىمپېرىيەسى) تەرىپىدىن ئازاب تارتىدۇ. مىكاھ ئۇلارغا: بۇ ئازابلارنى خۇدادىن كەلگەن «تولغاق ئازابلىرى» دەپ بىلگەن بولساڭلار، ئەمدى ھەقىقىي پادىشاھ ۋە مۇشاۋىر (9-ئايەت) ئاراڭلاردىن تۇغۇلۇشى كېرەك، دەيدۇ. دەرۋەقە مەسىھ ئەيسا ئۇلار رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئازاب تارتقاندا تۇغۇلدى.

[12] بىراق ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئويلىرىنى بىلمەيدۇ،
ئۇنىڭ نىشاننى چۈشەنمەيدۇ؛
چۈنكى ئۆنچىلەرنى خامانغا يىغقاندەك ئۇ ئۇلارنى يىغىپ قويىدۇ.
[13] ئورنۇڭدىن تۇرۇپ خامانىنى تەپ، ئى زىئون قىزى،
چۈنكى مەن مۈڭگۈزۈڭنى تۆمۈر، تۇياقلىرىڭنى مىس قىلىمەن؛
نۇرغۇن ئەللەرنى سوقۇپ پارە-پارە قىلىۋېتىسەن؛
مەن ئۇلارنىڭ غەنىيمەتتىنى پەرۋەردىگارغا،
ئۇلارنىڭ مال-دۇنيالىرىنى پۈتكۈل يەر-زېمىن ئىگىسىگە
بېغىشلايمەن.

## ئازابلىق كۈنلەردە مەسىھ تۇغۇلدۇ ۋە ئىسرائىلنى قۇتقۇزىدۇ

5 [1] ئەمدى ئۆزۈڭلار قوشۇن-قوشۇن بولۇپ يىغىلىڭلار، ئى قوشۇن قىزى؛
چۈنكى بىرسى بىزنى مۇھاسىرىگە ئالدى؛
ئۇلار ئىسرائىلنىڭ ھاكىم-سوراقچىسىنىڭ مەڭزىگە ھاسا بىلەن ئۇرىدۇ؛

---

**12:4** يەر. 33:51

13:4 «ئورنۇڭدىن تۇرۇپ خامانىنى تەپ، ئى زىئون قىزى، چۈنكى مەن مۈڭگۈزۈڭنى تۆمۈر، تۇياقلىرىڭنى مىس قىلىمەن؛ نۇرغۇن ئەللەرنى سوقۇپ پارە-پارە قىلىۋېتىسەن...» — 11-13-ئايەتتىكى ئىشلار ئىسرائىل بابىلدىن قۇتقۇزۇلۇپ (10-ئايەت) قانائانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈز بېرىشى كېرەك. ۋەھىي مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3- ۋە 2-ئەسىردە «ماككابىيلار» دەۋرىدە قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنى بىلەن، تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئاخىرقى زامانلاردا بولۇش كېرەك.

**13:4** زەك. 14:4؛ 5:6

1:5 **«ئەمدى ئۆزۈڭلار قوشۇن-قوشۇن بولۇپ يىغىلىڭلار»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەمدى ئۆز-ئۆزۈڭلارنى كېسىپ تىلىڭلار!» (دېمەك، قاتتىق قايغۇ-ھەسرەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن). **«... قوشۇن-قوشۇن بولۇپ يىغىلىڭلار، ئى قوشۇن قىزى»** — «قوشۇن قىزى» دېگەن سىرلىق سۆز يېرۇسالېمدىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندا يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسكەر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. **«چۈنكى بىرسى بىزنى مۇھاسىرىگە ئالدى؛ ئۇلار ئىسرائىلنىڭ ھاكىم-سوراقچىسىنىڭ مەڭزىگە ھاسا بىلەن**

²(سەن، ئى بەيت-لەھەم-ئەفراتاھ، يەھۇدادىكى مىڭلىغان شەھەر-
يېزىلار ئارىسىدا ئىنتايىن كىچىك بولغان بولساڭمۇ،
سەندىن مەن ئۈچۈن ئىسرائىلغا ھاكىم بولغۇچى چىقىدۇ؛
ئۇنىڭ ھۆزۈرۈمدىن چىقىشلىرى قەدىمدىن،
يەنى ئەزەلدىن بار ئىدى)
³شۇڭا تولغاق تۇتقان ئايال تۇغۇپ بولغۇچە،
ئۇ ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە تاشلاپ قويىدۇ؛
شۇ چاغدا ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان قالدىسى ئىسرائىللارنىڭ
يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ.
⁴ئۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ كۈچى بىلەن،

---

**ئۇرىدۇ»** — بۇ «مۇھاسىرە» بەلكىم ئىككى مۇھاسىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن: (1) ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ يېرۇسالېمغا بولغان مۇھاسىرىسى؛ شۇ چاغدا بىرسى ھەزەكىيا پادىشاھنىڭ «مەڭزىگە ھاسا بىلەن ئۇرغان»مىكىن؟ (2) ئاخىرقى زاماندىكى «نۇرغۇن ئەللەر»نىڭ مۇھاسىرىسى (4:11-13نى كۆرۈڭ). بۇ ئىككى تەھلىل توغرا بولسا ئايەتنىڭ ئىككىنچى جۈملىسىدىكى «ئۇ»: (1) ئاسۇرىيە پادىشاھىنى ۋە كېيىن: (2) ئاخىرقى زاماندىكى دەججالنى كۆرسىتىدۇ.

2:5 **«سەن، ئى بەيت-لەھەم-ئەفراتاھ، يەھۇدادىكى مىڭلىغان شەھەر-يېزىلار ئارىسىدا ئىنتايىن كىچىك بولغان بولساڭمۇ، سەندىن مەن ئۈچۈن ئىسرائىلغا ھاكىم بولغۇچى چىقىدۇ؛ ئۇنىڭ ھۆزۈرۈمدىن چىقىپ-كىرىشلىرى قەدىمدىن، يەنى ئەزەلدىن بار ئىدى»** — دېمىسەكمۇ، بۇ مەسىھ ئەيسانى كۆرسىتىدۇ. ئۇ: (1) «بەيت-لەھەم» دېگەن كىچىك يېزىدا تۇغۇلغان؛ (2) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ خۇدانىڭ «كالامى» بولۇپ، خۇدا ئۇنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھەممە مەۋجۇداتلارنى ياراتقانىدى («يۇھ.» 1:1-4)، مەسىھ ئۇنىڭ يېنىدىن «ئەزەلدىن تارتىپ» خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بەجا كەلتۈرۈشكە چىقىپ-كىرىپ تۇرغانىدى.

**2:5** قان. 27:33؛ پەند. 8:20،23؛ مات. 6:2؛ يۇھ. 42:7؛ يار. 8:3؛ 12:7؛ 18:14؛ 7:16؛ مىس. 4:3؛ يۇھ. 3:13

3:5 **«ئۇ ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە تاشلاپ قويىدۇ»** — ياكى «ئۇلارنى تاشلاپ قويىدۇ». **«شۇڭا تولغاق تۇتقان ئايال تۇغۇپ بولغۇچە، ئۇ ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە تاشلاپ قويىدۇ»** — دېمەك، بېشارەت بويىچە «مەسىھ» تۇغۇلغۇچە خۇدا ئىسرائىلنى يات ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا تاپشۇرىدۇ، ئۇلار باشقا ئەللەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇلار جاپا ۋە ئازاب تارتىدۇ. **«شۇ چاغدا ئۇنىڭ مەسىھنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان قالدىسى ئىسرائىللارنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ»** — ئايەتكە قارىغاندا مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى خۇداغا سادىق بولغان بىر «قالدىسى»، يەنى «ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى» پەلەستىن زېمىنىغا قايتىپ كېلىشى بىلەن باغلىق؛ تارىختىن بىلىمىزكى، خۇدانىڭ «قالدىسى»نىڭ «قايتىپ كېلىش»ى مەسىھ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 520يىلى).

پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ نامىنىڭ ھەيۋىتىدە پادىسىنى بېقىشقا
ئورنىدىن تۇرىدۇ؛
شۇنداق قىلىپ ئۇلار مەزمۇت تۇرۇپ قالىدۇ؛
چۈنكى ئۇ شۇ چاغدا يەر يۈزىنىڭ قەرىلىرىگىچە ئۇلۇغ دەپ بىلىنىدۇ.
5 ۋە بۇ ئادەم ئارام-خاتىرجەملىكىمىز بولىدۇ؛
ئاسۇرىيەلىك زېمىنىمىزغا بۆسۈپ كىرگەندە،
ئوردىلىرىمىزنى دەسسەپ چەيلىگەندە،
بىز ئۇنىڭغا قارشى يەتتە خەلق پادىچىسىنى،
سەككىز قابىلىيەتلىك يېتەكچىنى چىقىرىمىز؛
6 ئۇلار ئاسۇرىيە زېمىنىنى قىلىچ بىلەن،
نىمرودنىڭ زېمىنىنى ئۆتكەللىرىدە خارابە قىلىدۇ؛
ۋە ئاسۇرىيەلىك زېمىنىمىزغا بۆسۈپ كىرگەندە،
چېگرىمىز ئىچىنى چەيلىگەندە،
ئۇ ئادەم بىزنى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ.
7 ۋە ياقۇپنىڭ قالدىسى نۇرغۇن خەلقلەر ئارىسىدا پەرۋەردىگاردىن
چۈشكەن شەبنەمدەك بولىدۇ،
چۆپ ئۈستىگە ياغقان يامغۇرلاردەك بولىدۇ؛
بۇلار ئىنسان ئۈچۈن كېچىكمەيدۇ،
ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەجرىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ.

---

5:5 يەش. 5:9

6:5 **«ئۇلار ئاسۇرىيە زېمىنىنى قىلىچ بىلەن، نىمرودنىڭ زېمىنىنى ئۆتكەللىرىدە خارابە قىلىدۇ»** — «نىمرود» بولسا بابىل شەھىرىنىڭ ئاساسچىسى ئىدى. **«ئاسۇرىيەلىك زېمىنىمىزغا بۆسۈپ كىرگەندە، چېگرىمىز ئىچىنى چەيلىگەندە، ئۇ ئادەم بىزنى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ»** — ئاخىرقى زاماندا مەسىھ ئىسرائىلنى (ئۇلار توۋا قىلغاندىن كېيىن) بارلىق دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ.

7:5 **«ۋە ياقۇپنىڭ قالدىسى ۇرغۇن خەلقلەر ئارىسىدا پەرۋەردىگاردىن چۈشكەن شەبنەمدەك بولىدۇ، چۆپ ئۈستىگە ياغقان يامغۇرلاردەك بولىدۇ؛ بۇلار ئىنسان ئۈچۈن كېچىكمەيدۇ، ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەجرىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ»** — بۇ ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي مەنىسى: «ئادەملەرنىڭ ھەرقانداق ئىش-پائالىيەتلىرى شەبنەم ۋە يامغۇرغا ھېچقانداق

8 ياقۇپنىڭ قالدىسى ئەللەر ئارىسىدا،
يەنى نۇرغۇن خەلقلەر ئارىسىدا ئورمانلىقتىكى ھايۋانلار ئارىسىدىكى
شىردەك بولىدۇ، قوي پادىلىرى ئارىسىدىكى ئارسلاندەك بولىدۇ؛
شىر ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن،
ھېچكىم قۇتقۇزۇپ ئالالمىغۇدەك چەيلەپ دەسسەيدۇ،
تىتما-تىت قىلىپ يىرتىۋېتىدۇ.
9 قولۇڭ كۈشەندىلىرىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلىدۇ،
بارلىق دۈشمەنلىرىڭ ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ.
10 شۇ كۈنىدە شۇنداق بولىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
مەن ئاراڭلاردىن بارلىق ئاتلىرىڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن،
جەڭ ھارۋىلىرىڭنى ھالاك قىلىمەن.
11 زېمىنىڭدىكى شەھەرلىرىڭنى يوقىتىمەن،
بارلىق ئىستىھكاملىرىڭنى غۇلىتىمەن.
12 سېھىرلەرنى قولۇڭدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن؛

---

تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئۇلار چۈشۈشى ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۈتمەيدۇ. شەبنەم ۋە يامغۇر بەرىبىر پەقەت خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چۈشىدۇ»؛ كەلگۈسىدە خۇدا ئۆز مېھىر-شەپقىتى بىلەن ياقۇپ جەمەتىنى دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرنى (ئۇلار ھېچ ئىش-پائالىيەتلەرنى قىلمايلا) ئويغىتىدىغان ۋە يېڭىلايدىغان بىر بەرىكەت قىلىدۇ.

**8:5 «شىر ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن، ھېچكىم قۇتقۇزۇپ ئالالمىغۇدەك چەيلەپ دەسسەيدۇ، تىتما-تىت قىلىپ يىرتىۋېتىدۇ»** ــ «ئۇلار» مۇشۇ يەردە «ئورمانلىقتىكى ھايۋانلار» ۋە «قوي پادىلىرى»نى (دېمەك، يات ئەللەرنى) كۆرسەتسە كېرەك.

**10:5 «مەن ئاراڭلاردىن بارلىق ئاتلىرىڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، جەڭ ھارۋىلىرىڭنى ھالاك قىلىمەن»** ــ خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرغان پەرمانلىرى بويىچە، ئىسرائىللار ئارىسىدىكى ئاتلار ۋە جەڭ ھارۋىلىرىنى كۆپەيتىشكە بولمايدۇ. خۇدانىڭ مەقستى شۈبھىسىزكى، ئۆز خەلقىنىڭ ئاتلارغا، ھارۋىلارغا ئەمەس، بەلكى خۇدا ئۆزىگىلا تايىنىشىدىن ئىبارەتتۇر («قان.» 16:17، «زەب.» 7:20، «يەش.» 1:31نىمۇ كۆرۈڭ).

**10:5** ھوش. 4:14

**11:5 «زېمىنىڭدىكى شەھەرلىرىڭنى يوقىتىمەن، بارلىق ئىستىھكاملىرىڭنى غۇلىتىمەن»** ــ خۇدانىڭ بۇ ئىشتا بولغان مەقستى بارلىق ئاتلارنى ۋە جەڭ ھارۋىلىرىنى يوقىتىش مەقسىتىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك ــ ئىسرائىلنى پەقەت ئۆزىگىلا تاياندۇرۇشتۇر.

سىلەردە پالچىلار بولمايدۇ.
13 مەن ئۆيىما مەبۇدلىرىڭنى،
«بۇت تۈۋرۈك»لىرىڭلارنى ئوتتۇرۇڭدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن؛
سەن ئۆز قولۇڭنىڭ ياسىغىنىغا ئىككىنچى باش ئۇرمايسەن.
14 ئاراڭدىن «ئاشېراھ»لىرىڭنى يۇلۇۋېتىمەن،
ۋە شەھەرلىرىڭنى ھالاك قىلىمەن؛
15 ۋە ماڭا قۇلاق سالمىغان ئەللەرنىڭ ئۈستىگە ئاچچىق ۋە دەرغەزەپ
بىلەن ئىنتىقامنى يۈرگۈزىمەن.

## بېشارەتلەر 3-قاتار - خۇدانىڭ دەۋاسى

6 [1] پەرۋەردىگارنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى ھازىر ئاڭلاڭلار: ــ
«ئورنۇڭدىن تۇر، تاغلار ئالدىدا دەۋايىڭنى بايان قىل،
ئېگىزلىكلەرگە ئاۋازىڭنى ئاڭلاتقىن».
2 «ئى تاغلار،
ۋە سىلەر، يەر-زېمىننىڭ ئۆزگەرمەس ئۇللىرى،
پەرۋەردىگارنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلاڭلار؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن بىر دەۋاسى بار،
ئۇ ئىسرائىل بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئەيىبىنى كۆرسەتمەكچى؛
3 ئى خەلقىم، مەن ساڭا زادى نېمە قىلدىم؟

---

**14:5 «ئاراڭدىن «ئاشېراھ»لىرىڭنى يۇلۇۋېتىمەن»** ــ «ئاشېراھ»لار بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەر ئىدى. دەرەخلەر بۇت شەكلىگە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. **«ۋە شەھەرلىرىڭنى ھالاك قىلىمەن»** ــ «شەھەرلىرىڭ»نىڭ باشقا بىر تەرجىمىسى: «قانلىق قۇربانگاھلىرىڭ».

**1:6 «ئورنۇڭدىن تۇر، تاغلار ئالدىدا دەۋايىڭنى بايان قىل، ئېگىزلىكلەرگە ئاۋازىڭنى ئاڭلاتقىن»** ــ بۇ سۆزلەر مىكاھنىڭ ئۆزىگە (ئىسرائىللار ئاڭلىسۇن دەپ) ئېيتىلغان. قەدىمكى تاغلار ۋە دۆڭ-ئېگىزلىكلەر مۇشۇ دەۋادا خۇدانىڭ ۋەدىلىرىدە تۇرغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ («قان.» 26:4، «يەش.» 2:1نى كۆرۈڭ).

**2:6** ھوش. 1:4

سېنى نېمە ئىشتا بىزار قىلىپتىمەن؟
مېنىڭ خاتالىقىم توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بېرىشكىن!
[4] چۈنكى مەن سېنى مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىقاردىم،
سېنى قۇللۇق ماكانىدىن ھۆرلۈككە قۇتقۇزدۇم؛
ئالدىڭدا يېتەكلەشكە مۇسا، ھارۇن ۋە مەريەملەرنى ئەۋەتتىم.
[5] ئى خەلقىم، پەرۋەردىگارنىڭ ھەققانىيلىقلىرىنى بىلىپ يېتىشىڭلار ئۈچۈن،
موئاب پادىشاھى بالاكنىڭ قانداق نىيەتتىنىڭ بارلىقىنى،
بېئورنىڭ ئوغلى بالائامنىڭ ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى،
شىتتىمدىن گىلگالغىچە نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى ھازىر ئېسىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار.

[6] — مەن ئەمدى نېمىنى كۆتۈرۈپ پەرۋەردىگار ئالدىغا كېلىمەن؟
نېمەم بىلەن ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى خۇدانىڭ ئالدىدا ئېگىلىمەن؟
ئۇنىڭ ئالدىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى،
بىر ياشلىق موزايلارنى ئېلىپ كېلەمدىم؟
[7] پەرۋەردىگار مىڭلىغان قوچقارلاردىن،
تۈمەنلىگەن زەيتۇن مېيى دەريالىرىدىن ھۇزۇر ئالامدۇ؟
ئىتائەتسىزلىكىم ئۈچۈن تۇنجى بالامنى،

---

**4:6** مىس. 12:51؛ 14:30؛ 20:2

5:6 **«ئى خەلقىم... موئاب پادىشاھى بالاكنىڭ قانداق نىيەتتىنىڭ بارلىقىنى، بېئورنىڭ ئوغلى بالائامنىڭ ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى، شىتتىمدىن گىلگالغىچە نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى ھازىر ئېسىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار»** — خۇدا شىتتىمدە ئىسرائىللارنىڭ بۇتپەرەسلىكىنى جازالىغان، ئاندىن ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلغان؛ ئۇ گىلگالدا مۆجىزە يارىتىپ، ئۇلارنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزگەن. ئەمدى ھازىر ئوخشاش ئىشلار بولمامدۇ — ئۇلار خالىسىلا، بۇتپەرەسلىكتىن توۋا قىلىپ، خۇدانىڭ نىجاتىنى كۆرۈدىغان بولىدۇ. تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەر «چۆل.» 24-، 25-باب، ۋە «يەشۇئا» 1-5-بابلاردا خاتىرىلەنگەن.

**5:6** چۆل. 22:5؛ 23:7؛ 25؛ يە. 5

تېنىمنىڭ پۇشتىنى جېنىمنىڭ گۇناھىغا ئاتامدىمەن!؟

8 ئى ئىنسان، ئۇ ساڭا نېمە ئىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى،
بەرھەق، پەرۋەردىگار سەندىن نېمە تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى ــ
ئادالەتنى يۈرگۈزۈش،
مېھرىبانلىقنى سۆيۈش،
سېنىڭ خۇدايىڭ بىلەن بىللە كەمتەرلىك بىلەن مېڭىشتىن باشقا
يەنە نېمە ئىشىڭ بولسۇن؟

## دەۋانىڭ داۋامى، ھۆكۈم چىقىرىش

9 پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى شەھەرگە خىتاب قىلىپ چاقىرىدۇ؛
(پەم-دانالىق بولسا نامىڭغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ!)
ئەمدى ھۆكۈم پالىقىنى ۋە ئۇنى بېكىتكىنىنى ئاڭلاڭلار: ــ
10 رەزىل ئادەمنىڭ ئۆيىدە رەزىللىكتىن ئالغان بايلىقلار يەنە بارمىدۇ؟
كەم ئۆلچەيدىغان يىرگىنچلىك ئۆلچەم يەنە بارمىدۇ؟
11 بىئادىل تارازا بىلەن،
بىر خالتا ساختا تارازا تاشلىرى بىلەن پاك بولالامدىم؟

---

7:6 **«تېنىمنىڭ پۇشتىنى جېنىمنىڭ گۇناھىغا ئاتامدىمەن!؟»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «تېنىمنىڭ مېۋىسىنى جېنىمنىڭ گۇناھىغا ئاتامدىمەن!؟».

**8:6** قان. 12:10

9:6 **«ئەمدى ھۆكۈم پالىقىنى ۋە ئۇنى بېكىتكىنىنى ئاڭلاڭلار!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەمدى ئى قەبىلە ۋە شەھەر جامائىتى، ئاڭلاڭلار!».

10:6 **«رەزىل ئادەمنىڭ ئۆيىدە رەزىللىكتىن ئالغان بايلىقلار يەنە بارمىدۇ؟ كەم ئۆلچەيدىغان يىرگىنچلىك ئۆلچەم يەنە بارمىدۇ؟...»** ــ 10-15-ئايەتلەردە خاتىرىلەنگەن ئىسرائىلنىڭ قىلمىشلىرى يۇقىرىقى 8-ئايەتتىكى سۆزنىڭ ئەكسى بولىدۇ (ئادالەتنى يۈرگۈزۈش، مېھرىبانلىقنى سۆيۈش، كەمتەرلەرچە خۇدا بىلەن بىللە مېڭىش). مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۆلچەم» ئىبرانىي تىلىدا «ئەفاھ» بولىدۇ.

11:6 **«بىئادىل تارازا بىلەن، بىر خالتا ساختا تارازا تاشلىرى بىلەن پاك بولالامدىم؟»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىئادىل تارازىنى، بىر خالتا ساختا تارازا تاشلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەملەرنى پاك ھېسابلىيالامدىم؟».

**11:6** ھوش. 8:12

12 چۈنكى شەھەرنىڭ بايلىرى زوراۋانلىق بىلەن تولغان،
ئۇنىڭ ئاھالىسى يالغان گەپ قىلىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى تىلى ئالدامچىدۇر.
13 شۇڭا مەن سېنى ئۇرۇپ كېسەل قىلىمەن،
گۇناھلىرىڭ تۈپەيلىدىن سېنى خارابە قىلىمەن.
14 يەيسەن، بىراق تويۇنمايسەن،
ئوتتۇراڭدا ئاچ-بوشلۇق قالىدۇ،
سەن مۈلكۈڭنى ئېلىپ يۆتكىمەكچى بولىسەن،
بىراق ساقلىيالمايسەن؛
ساقلاپ قالدۇرغىنىڭ بولسىمۇ، ئۇنى قىلىچقا تاپشۇرىمەن.
15 تېرىيسەن، بىراق ھوسۇل ئالمايسەن؛
زەيتۇنلارنى چەيلەيسەن، بىراق ئۆزۈڭنى مېيىنى سۈرتۈپ مەسىھ قىلالمايسەن،
يېڭى شارابنى چەيلەپ چىقىرىسەن،
بىراق شاراب ئىچەلمەيسەن.
16 چۈنكى «ئومرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى»نى،
«ئاھابنىڭ جەمەتىدىكىلەر قىلغانلىرى»نى تۇتىسەن؛
سەن ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىدە ماڭىسەن،
شۇنىڭ بىلەن مەن سېنى خارابە،

---

**12:6** يەر. 7:9

**14:6 «يەيسەن، بىراق تويۇنمايسەن، ئوتتۇراڭدا ئاچ-بوشلۇق قالىدۇ»** ــ بەزى ئالىملار بۇ ئىبارە تولغاق كېسىلى «دىزېنتېرىيە»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. **«سەن مۈلكۈڭنى ئېلىپ يۆتكىمەكچى بولىسەن، بىراق ساقلىيالمايسەن؛ ساقلاپ قالدۇرغىنىڭ بولسىمۇ، ئۇنى قىلىچقا تاپشۇرىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن تولغاقتا كېلىسەن، بىراق بالىنى تۇغمايسەن؛ تۇغساڭمۇ، بالاڭنى قىلىچقا تاپشۇرىمەن».

**14:6** ھوش. 10:4

**15:6** قان. 38:28؛ ھاگ. 6:1

سەندە تۆرۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئىسقىرتىش ئوبيېكتى قىلىمەن؛
سەن خەلقىمدىكى شەرمەندىچىلىكنى كۆتۈرىسەن.

## پەيغەمبەرنىڭ ئازابلىنىشلىرى

7 [1] مېنىڭ ھالىمغا ۋاي! چۈنكى مەن خۇددى يازدىكى مېۋىلەر يىغىلىپ،
ئۈزۈم ھوسۇلىدىن كېيىنكى ۋاساڭدىن كېيىن ئاچ قالغان بىرسىگە ئوخشايمەن،
يېگۈدەك ساپاق يوقتۇر؛
جېنىم تەشنا بولغان تۇنجى ئەنجۈر يوقتۇر!
[2] ئىخلاسمەن كىشى زېمىندىن يوقاپ كەتتى،
ئادەملەر ئارىسىدا دۇرۇس بىرسىمۇ يوقتۇر؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى قان تۆكۈشكە پايلىماقتا،
ھەربىرى ئۆز قېرىندىشىنى تور بىلەن ئوۋلايدۇ.
[3] رەزىللىكنى پۇختا قىلىش ئۈچۈن،
ئىككى قولى ئۇنىڭغا تەييارلانغان؛
ئەمىر «ئىنئام»نى سورايدۇ،
سوراقچىمۇ شۇنداق؛
مۆتىۋەر جاناب بولسا ئۆز جېنىنىڭ نەپسىنى ئاشكارا ئېيتىپ بېرىدۇ؛

---

16:6 «چۈنكى «ئومرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى»نى، «ئاھابنىڭ جەمەتىدىكىلەر قىلغانلىرى»نى تۇتىسەن» — ئومرى ئىسرائىلنىڭ ئىنتايىن رەزىل پادىشاھى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان بۇتلارنى ياساپ، ئىسرائىلنى بۇلارغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇغان. ئاھاب ئۇنىڭدىن تېخىمۇ رەزىللىككە ئۆتۈپ، بۇتپەرەسلىككە پاھىشۋازلىق، «ئىنسان قۇربانلىقى»، پۇقرالارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە قاتىللىقنى قوشقاندى. («1پاد.» 16-22-بابلارنى كۆرۈڭ). **«سەندە تۆرۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئىسقىرتىش ئوبيېكتى قىلىمەن»** — مۇشۇ يەردە «ئىسقىرتىش» مازاق قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**16:6** 1پاد. 25:16، 26، 30-34

**2:7** زەب. 1:12-2؛ ھوش. 1:4

ئۇلار جەم بولۇپ رەزىللىكنى توقۇشماقتا.
4 ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى خۇددى جىغاندەك،
ئەڭ دۇرۇسى بولسا، شوخىلىق توسۇقتىن بەتتەردۇر.
ئەمدى كۆزەتچىلىرىڭ قورقۇپ كۈتكەن كۈن،
يەنى خۇدا ساڭا يېقىنلاپ جازالايدىغان كۈنى يېتىپ كەلدى؛
ئۇلارنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىغان ۋاقتى ھازىر كەلدى.
5 ئۇلپىتىڭگە ئىشەنمە،
جان دوستۇڭغا تايانما؛
ئاغزىڭنىڭ ئىشىكىنى قۇچىقىڭدا ياتقۇچىدىن يىپىپ يۇر.
6 چۈنكى ئوغۇل ئاتىسىغا بىھۆرمەتلىك قىلىدۇ،
قىز ئانىسىغا،
كېلىن قېيىن ئانىسىغا قارشى قوزغىلىدۇ؛
كىشىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۆز ئۆيىدىكى ئادەملىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ.
7 بىراق مەن بولسام، پەرۋەردىگارغا قاراپ ئۈمىد باغلايمەن؛
نىجاتىمنى بەرگۈچى خۇدانى كۈتىمەن؛
مېنىڭ خۇدايىم ماڭا قۇلاق سالىدۇ.

## ئاخىرقى زامان توغرۇلۇق ئۈمىد — خۇدانىڭ «قالدىسى» سۆز قىلىدۇ

8 ماڭا قاراپ خۇش بولۇپ كەتمە، ئى دۈشمىنىم؛
گەرچە مەن يىقىلىپ كەتسەممۇ، يەنە قوپىمەن؛

---

3:7 **«مۆتىۋەر جاناب بولسا ئۆز جىنىنىڭ نەپسىنى ئاشكارا ئېيتىپ بېرىدۇ»** — «مۆتىۋەر جاناب» بەلكىم پادىشاھنى ۋاستىلىك كۆرسىتىدۇ.

**3:7** مىك. 1:2؛ 11:3

4:7 **«ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى خۇددى جىغاندەك، ئەڭ دۇرۇسى بولسا، شوخىلىق توسۇقتىن بەتتەردۇر»** — «ئەڭ ئېسىلى» ئادالەتنى بۇرمىلمايدۇ، پەقەت ئۆنىڭغا توسالغۇ بولىدۇ! **«خۇدا ساڭا يېقىنلاپ جازالايدىغان كۈنى...»** — ئىبرانىي تىلىدا «سېنىڭ يوقلىنىدىغان كۈنۈڭ» دېيىلىدۇ.

**6:7** ئەز. 7:22؛ مات. 21:10، 35، 36؛ لۇقا 53:12

قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرسام، پەرۋەردىگار ماڭا يورۇقلۇق بولىدۇ.
9 مەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىگە چىداپ تۇرىمەن ــ
چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلدىم ــ
ئۇ مېنىڭ دەۋايىمنى سوراپ، مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىپ يۇرگۈزگۈچە كۈتىمەن؛
ئۇ مېنى يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ؛
مەن ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى كۆرىمەن.
10 ۋە مېنىڭ دۈشمىنىم بۇنى كۆرىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ماڭا: «پەرۋەردىگار خۇدايىڭ قېنى» دېگەن ئايالنى شەرمەندىلىك باسىدۇ؛
مېنىڭ كۆزۈم ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرىدۇ؛
ئۇ كوچىدىكى پاتقاقتەك دەسسەپ چەيلىنىدۇ.

## خۇدانىڭ جاۋابى

11 ــ سېنىڭ تام-سېپىللىرىڭ قۇرۇلىدىغان كۈنىدە،
شۇ كۈنىدە ساڭا بېكىتىلگەن پاسىلىڭ يىراقلارغا يۆتكىلىدۇ.
12 شۇ كۈنىدە ئۇلار يېنىڭغا كېلىدۇ؛
ئاسۇرىيەدىن، مىسىر شەھەرلىرىدىن،
مىسىردىن ئەفرات دەرياسىغىچە، دېڭىزدىن دېڭىزغىچە ۋە تاغدىن تاغقىچە ئۇلار يېنىڭغا كېلىدۇ.
13 بىراق يەر يۈزى بولسا ئۈزرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلار تۈپەيلىدىن،
يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ مېۋىسى تۈپەيلىدىن خارابە بولىدۇ.

---

**8:7 «ماڭا قاراپ خۇش بولۇپ كەتمە، ئى دۈشمىنىم!...»** ــ مۇشۇ يەردىكى «دۈشمىنىم» ھەم 10-ئايەتتىكى «ئۇ» دېگەنلەر «ئايالچە رود»تا كەلگەن بولغاچقا، بېشارەت يېرۇسالېمنىڭ ئاسۇرىيەگە گەپ قىلغانلىقىنى، ياكى بولمىسا ئاخىرقى زاماندىكى دۈشمىنى بابىلغا گەپ قىلدىغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

**9:7** زەب. 9:5-7؛ زەب. 43:1-2؛ يەر. 50:34

**10:7** زەب. 79:10؛ 115:2؛ يو. 2:17

**13:7** يەر. 21:14

## خۇدانىڭ «قالدىسى»نىڭ دۇئاسى

14 ــ ئۆز خەلقىڭنى، يەنى ئورماندا، كارمەل ئوتتۇرىسىدا يالغۇز
تۇرۇۋاتقان ئۆز مىراسىڭ بولغان پادىنى،
تاياق-ھاساڭ بىلەن ئوزۇقلاندۇرغايسەن؛
قەدىمكى كۈنلەردىكىدەك،
ئۇلار باشان ھەم گىلېئاد چىمەنزارلىرىدا قايتىدىن ئوزۇقلانسۇن!

## خۇدانىڭ جاۋابى

15 ــ سەن مىسىر زېمىنىدىن چىققان كۈنلەردە بولغانىدەك،
مەن ئۇلارغا كارامەت ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىمەن.
16 ئەللەر بۇنى كۆرۈپ بارلىق ھەيۋىسىدىن خىجىل بولىدۇ؛
قولىنى ئاغزى ئۈستىگە ياپىدۇ،
قۇلاقلىرى گاس بولىدۇ؛
17 ئۇلار يىلاندەك توپا-چاڭنى يالايدۇ؛
يەر يۈزىدىكى ئۆمىلىگۈچىلەردەك ئۆز تۆشۈكلىرىدىن تىترىگەن
پېتى چىقىدۇ؛
ئۇلار قورقۇپ پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ يېنىغا كېلىدۇ،
ۋە سېنىڭ تۈپەيلىڭدىنمۇ قورقىدۇ.
18 قەبىھلىكنى كەچۈرىدىغان،
ئۆز مىراسى بولغانلارنىڭ قالدىسىنىڭ ئىتائەتسىزلىكىدىن
ئۆتىدىغان تەڭرىدۇرسەن،
ئۇ ئاچچىقىنى مەڭگۈگە ساقلاۋەرمەيدۇ،
چۈنكى ئۇ مېھىر-مۇھەببەتنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ.

---

**14:7** «...ئورماندا، كارمەل ئوتتۇرىسىدا يالغۇز تۇرۇۋاتقان ئۆز مىراسىڭ بولغان پادا...» ــ «كارمەل» بولسا ئىسرائىلنىڭ ئەڭ باراقسان، ئەڭ ئېسىل ئورمانلىق رايونى.
**14:7** مىك. 3:5
**15:7** يو. 26:2
**17:7** زەب. 9:72؛ يەش. 32:49

كىم ساڭا تەڭداش ئىلاھدۇر؟
19 ــ ئۇ يەنە بىزگە قاراپ ئىچىنى ئاغرىتىدۇ؛
قەبىھلىكلىرىمىزنى ئۇ دەسسەپ چەيلەيدۇ؛
سەن ئۇلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى دېڭىز تەگلىرىگە تاشلايسەن.
20 ــ سەن قەدىمكى كۈنلەردىن بېرى ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا قەسەم قىلغان
ھەقىقەت-ساداقەتنى ياقۇپقا،
ئۆزگەرمەس مۆھەببەتنى ئىبراھىمغا يەتكۈزۈپ كۆرسىتىسەن.

18:7 **«كىم ساڭا تەڭداش ئىلاھدۇر؟»** ــ «مىكاھ» دېگەن ئىسىم، ئىبرانىي تىلىدا «كىم خۇداغا تەڭداش؟» دېگەن مەنىدە.

**18:7** مىس. 6:34، 7؛ زەب. 9:103

# قوشۇمچە سۆز

## 2-باب، 12-13 ئايەتتىكى بېشارەت توغرىسىدا: -

«مەن چوقۇم سېنى بىر پۈتۈن قىلىپ ئۇيۇشتۇرىمەن، ئى ياقۇپ؛
مەن چوقۇم ئىسرائىلنىڭ قالدىسىنى يىغىمەن؛
مەن ئۇلارنى بوزراھدىكى قويلاردەك،
ئۆز يايلىقىدا يىغىلغان بىر پادىدەك جەم قىلىمەن؛
ئۇلار ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن جۇشقۇنلىشىپ كېتىدۇ.
بىر «بۆسۈپ ئۆتكۈچى» ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ماڭىدۇ؛
ئۇلار بۆسۈپ چىقىپ، قوۋۇقتا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن چىقتى؛
ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئۇلارنىڭ ئالدىدا،
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ ماڭىدۇ».

ئىزاھاتلىرىمىزدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ بېشارەتنىڭ ئۈچ «ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش» بولۇشى مۇمكىن.

(1) بىرىنچى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش يېرۇسالېمنىڭ ئاسۇرىيە پادىشاھى سەنناخېرىبتىن قۇتقۇزۇلۇشى. سەنناخېرىب يەھۇدانىڭ بارلىق شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن: «ئۇلار تىزلا يىقىلىدۇ» دەپ ئويلىغان ۋە ماختىنىپ: «مېنىڭ بۇتلىرىم پەرۋەردىگاردىن ئۇلۇغ» دېگىنىدە، ئۇ ئاللىقاچان ئۆز ئاقىۋىتىنى بېكىتكەنىدى. ھەزەكىيا پادىشاھ بولسا ھەممە ئىشلارنى پەرۋەردىگارغا تاپشۇرۇپ، سەنناخېرىبقا تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغان. شۇ چاغدا سەنناخېرىب: «ئېفئوپىيە بىزگە ھۇجۇم قىلماقچىكەن» دېگەن بىر ئىغۋانى ئاڭلاپ، ئاسۇرىيە قوشۇننى يېرۇسالېمدىن چېكىندۇرگەن. ئاندىن «يەشايا پەيغەمبەر» كىتابىدا خاتىرىلەنگەندەك: «شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى چىقىپ، ئاسۇرىيەلىكلەرنىڭ بارگاھىدا بىر يۈز سەكسەن بەش مىڭ ئەسكەرنى ئۇردى؛ مانا، كىشىلەر ئەتىگەندە ئورۇندىن تۇرغاندا،

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆردى!» («يەشايا» 37-باب)

بۇ دەرۋەقە يەھۇدا ئۈچۈن يېڭى بىر باشلىنىش ئىدى. مۇشۇ يەردە «بوۋسۇپ ئۆتكۈچى» «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نىڭ ئۆزى ئىدى. باشقا يەرلەردە توختالغىنىمىزدەك ئىشىنىمىزكى، «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ئالاھىدە شەخس بولۇپ، ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى» بولغان مەسىھدىن باشقا شەخس ئەمەستۇر.

(2) ئىككىنچى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش يۇقىرىقىدىكىدەك ئانچە «كۆزگە كۆرۈنەرلىك» بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن مۇھىم دەپ قارايمىز. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە، مۇشۇ ئايەتنى شەرھلىگەن «راببىي»لار (يەھۇدىي ئۇستازلار)نىڭ كۆپى ئايەتتىكى «بوۋسۇپ چىققۇچى»نى بولسا «ئىلياس پەيغەمبەر»، «پادىشاھ»نى بولسا «مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى» دەپ قارايتتى (باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ مەسىھنىڭ يولىنى تەييارلايدىغانلىقىنى تىلغا ئالدۇ). ئىنجىل دەۋرىگە كەلگەندە يەھيا پەيغەمبەر ئاۋۋال كۆرۈنۈپ، خەلقنى مەسىھكە ئىشىنىشكە تەييارلىغانلىقىنى كۆرىمىز. يەھيا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، پەرىشتە جەبرائىل يەھيانىڭ ئاتىسى زەكەرىياغا مۇنداق خەۋەر يەتكۈزدى: «ئۇ (بۇ بالا) رەببىنىڭ ئالدىدا ئىلياس پەيغەمبەرگە خاس بولغان روھ ۋە كۈچ-قۇدرەتتە بولۇپ، ئاتىلارنىڭ قەلبلىرىنى بالىلارغا مايىل قىلىپ، ئىتائەتسىزلەرنى ھەققانىيلارنىڭ ئاقىلانىلىكىگە كىرگۈزۈپ، رەب ئۈچۈن تەييارلانغان بىر خەلقنى ھازىر قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ» (ئىنجىل، «لۇقا»، 1-باب)

ئوتتۇز يىلدىن كېيىن خۇدانىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەھيا پەيغەمبەر «ئىئوردان دەرياسى ۋادىسىدىكى بارلىق رايونلارنى كېزىپ، كىشىلەرگە گۇناھلارغا كەچۈرۈم ئېلىپ كېلىدىغان، توۋا قىلىشنى بىلدۈرىدىغان سۇغا «چۆمۈلدۈرۈش»نى جاكارلاشنى باشلىدى» («لۇقا»، 3:3).

كۆرىمىزكى، يەھيا بۇ خەۋەرنى يېرۇسالېمدا ئەمەس، بەلكى چۆل-باياۋاندا جاكارلىدى. ئۇ يەنە ئۇنىڭ «چۆمۈلدۈرۈش»ىنىڭ ئادەمنى خۇدانىڭ «كەچۈرۈم قىلىشى»غا ئېلىپ بارىدۇ، دەيدۇ. بۇ دەرۋەقە بىر «بوۋسۇپ چىقىش» – يەھيا پەيغەمبەرنىڭ مانا شۇنداق يېڭى خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان ۋاقتىدىچە، خۇدانىڭ «كەچۈرۈم قىلىش»ى

يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا قىلىنغان قۇربانلىقلار ئارقىلىق بولۇپ كەلدى. خۇدانىڭ «قالدىسى» بولغان مۆمىن بەندىلىرى يەھيانىڭ سۆزلىرىگە كىرىپ چۆمۈلدۈرۈلگەن. مەسىھ ئەيسا ئاشكارا تەلىم بېرىشكە باشلىغاندا، يەھيانىڭ كۆپ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى پاراڭ بولغان: —

«ئاندىن مۇخلىسلار يەھيانىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئۇستاز، ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا سەن بىلەن بىرگە بولغان، ئۆزۈڭ تەرىپلەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ھېلىقى كىشى مانا ھازىر ئۆزى كىشىلەرنى چۆمۈلدۈرۈۋاتىدۇ، ۋە ھەممە ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېتىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

يەھيا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەگەر ئۇنىڭغا ئەرشتىن ئاتا قىلىنمىغان بولسا، ئىنسان ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. مېنىڭ سىلەرگە: «مەن مەسىھ ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ ئالدىدا ئەۋەتىلگەنمەن» دېگىنىمگە سىلەر ئۆزۈڭلار گۇۋاھچىسىلەر. كېلىنچەكنى ئەمرىگە ئالغۇچى يىگىتتۇر (يەھۇدا مۇشۇ يەردە مەسىھنى كۆرسىتىدۇ)؛ لېكىن يىگىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى كۈتۈپ تۇرىدىغان يىگىتنىڭ قولدىشى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قەلبىدە تولىمۇ خۇرسەن بولىدۇ. مېنىڭ بۇ خۇرسەنلىكىم ئەمدى تولۇپ تاشىدۇ. ئۇنىڭ گۈللىنىمىكى، مېنىڭ ئاجىزلاشمىقىم مۇقەررەردۇر» («يۇھ.» 3:26-30).

مۇشۇ يەردە «بۇسۇپ چىققۇچى» ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلغان بولدى. خۇدانىڭ «پادا»سى كونا قۇربانلىق تۈزۈمىدىن بۇسۇپ چىقىپ، ئۇز پادىشاھى رەب ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىشكە باشلىغان. ئۇلار بۇ يولدا مەسىھ ئەيسا ئۆزى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن قۇربانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاخىرقى، مۇكەممەل ۋە تولۇق قۇربانلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. بۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش بەلكىم مەسىھ ئەيسانىڭ مەلۇم بىر سىرلىق بايانىغا چۈشەندۈرۈش بولىدۇ: —

«تەۋرات قانۇنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى چۆمۈلدۈرگۈچى يەھياغىچە سىلەرگە يېتەكچى بولۇپ كەلدى؛ شۇ ۋاقىتتىن

باشلاپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ خۇش خەۋىرى جاكارلىنىپ كېلىۋاتىدۇ؛ پادىشاھلىققا كىرمەكچى بولغانلارنىڭ ھەربىرى شۇ پادىشاھلىققا بۆسۈپ كىرىۋېلىشى كېرەكتۇر» («لۇقا»، 16:16، «مات.» 11:11-15-ئايەتلەرنىمۇ كۆرۈڭ).

(3) ئۈچىنچى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئاخىرقى زامانلاردا يۈز بېرىشى مۇقەررەر. مىكاھ ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر باشقا يەرلەردە بېشارەت بەرگىنىدەك، ئاخىرقى زاماندا «مەسىھنىڭ رەقىبى» دەججالنىڭ «ئىزىتقۇ يېتەكچىلىكى»دە، بارلىق ئەللەر يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىشقا يىغىلىدۇ. مىكاھنىڭ مۇشۇ 12-ئايەتتىكى «بوزراھ» (ھازىرقى ئىئوردانىيەنىڭ «پېترا» شەھىرى)نى تىلغا ئالغىنى، بەلكىم شۇ ۋاقىتتا خۇدانىڭ ئۆز «قالدىسى»نى قوغداش ئۈچۈن شۇ يەرگە يىغدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ («يەش.» 1:63، «ھاب.» 3:3-ئايەتلەر ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ). («بوزراھ» دېگەنىنىڭ مەنىسى: «قوي قوتىنى»).

خۇدا ئۆز «قالدىسى»نى شەخسەن مەسىھ ئارقىلىق قۇتقۇزىدۇ. ئۇ ئۇلارنى يېتەكلەپ غەلىبە بىلەن «بۆسۈپ چىقىپ» كېلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي يېڭى بىر دەۋر باشلىنىدۇ.

ئامىن!

تەۋرات 34-قىسىم

# «ناھۇم»

## كىرىش سۆز

### پەيغەمبەر ئۆزى

ناھۇم پەيغەمبەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلمەيمىز. ئۇنىڭ يۇرتى ئەلكوش يېزىسى ئىدى؛ بەلكىم ھازىرقى جەنۇبىي پەلەستىندىكى «بەيت-جەبرىن» دېگەن يېزا بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار ئۇنىڭ يۇرتىنى گالىلىيەدىكى «كەپەرناھۇم» («ناھۇمنىڭ يېزىسى») دەپ قارايدۇ («مات.» 13:4).

### كىتابنىڭ تېمىسى

پەيغەمبەرنىڭ بۇ يازمىسىنىڭ مەزمۇنى چۈشىنىشلىك، ئاممىباب بولۇپ، بۇ يازمىدا خۇدانىڭ ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى، بولۇپمۇ پايتەختى نىنەۋە شەھىرىگە چۈشۈرىدىغان جازاسى شەرھىلىنىدۇ. بۇ يازما ئاددىي بولغىنى بىلەن، ئۇ ھازىرقى زاماندىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن كۆپ ۋە مۇھىم ساۋاتلار، شۇنىڭدەك بارلىق ئېتىقادچىلار، بولۇپمۇ بىكاردىن بىكار زۇلۇمغا ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان ئېتىقادچىلار ئۈچۈن ئىلھام ھەم رىغبەت بېرىدۇ. «ناھۇم» دېگەننىڭ مەنىسى «تەسەللىگە تولغان» ياكى «تەسەللى بەرگۈچى»؛ ئۇ بىزگە ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەت — «خۇدانىڭ ۋە خەلقىنىڭ دۈشمەنلىرى شۇنچە كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھامان مەغلۇپ بولىدۇ». بۇ ھەقىقەت ئۇ رەزىللەرنىڭ قولىدىن دەرد-ئازاب تارتىدىغانلارغا چوڭقۇر تەسەللى ئېلىپ كېلىدۇ.

## يېزىلغان ۋاقتى

ھەزرىتى ناھۇمنىڭ نىنەۋە شەھرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىنئالا ئېيتقانلىقىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ يازمىسىدا بۇ ئىمپېرىيەنىڭ «ئىنتايىن كۈچلۈك» دەپ بايان قىلىنغانلىقىدىن قارىغاندا، مەزكۇر كىتاب نىنەۋە شەھرى گۇمران بولۇشتىن ئىلگىرى، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 612-يىلدىن ئىلگىرى يېزىلغان بولۇشى كېرەك. ئۇ كىتابتا يەنە مىسىردىكى نو-ئامون (ھازىرقى «تېبەس») شەھرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ئۈستىدە توختىلىدۇ. نو-ئامون مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 665-يىلى مەغلۇپ بولغانىدى. شەھەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 654-يىلى يەنە مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن. شۇڭا «ناھۇم پەيغەمبەر» دېگەن كىتاب چوقۇم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 665-654-يىلى ئارىلىقىدا يېزىلغان. بۇ مەزگىلدە يەھۇدانىڭ پادىشاھى ماناسسەھ تەختكە ئولتۇرغان (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 697-642-يىللار).

## كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، نىنەۋەنىڭ تارىخى

نىنەۋە شەھرى بەلكىم مىلادىيەدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى بابىل (بابىلون) شەھرى بىلەن تەڭ رەزىل ئادەم نىمرود تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان («يار.» 11:10). ئىسرائىللارنىڭ ئاسۇرىيە بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىشى ئۇنىڭ پادىشاھى شالمانئەزەر III بىلەن بولغان. ئۇ ئىسرائىلنى ۋەيران قىلغان، يەھۇدادا بۇلاڭچىلىق قىلغان. شۇ چاغدا ئۇ كۆپ ئانا-باللارنى گالىلىيەدىكى ئاربەل دېگەن تىك ياردىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن («ھوش.» 14:10دە ئۇ «شالمان» دەپ ئاتىلىدۇ). كېيىنكى بىر پادىشاھ، يەنى سەنناخېرىب نىنەۋەنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۈچ شەھەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چوڭ شەھەر قىلىپ قۇرۇپ، ئۇنى ئۆز پايتەختى قىلغان. بۇ يېڭى شەھەر ئىككى سېپىللىق بولۇپ، ئىچكى سېپىل ئايلانمىسى 11 كىلومېتىر، تاشقى سېپىل ئايلانمىسى 95 كىلومېتىر، شەھەرنىڭ كۆلىمى 453 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. سېپىل تۈۋىنىڭ قېلىنلىقى 16 مېتىر، ئۈستىنىڭ قېلىنلىقى 4 مېتىر؛ ئېگىزلىكى 30 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە 60 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنارىدىن 150ى بار ئىدى. ئاسۇرىيە بۇ سېپىلنىڭ تۆپىسىدىكى يولدا ئۈچ جەڭ ھارۋىسى يانداش ماڭالايدۇ، دەپ

ماختانغان. سەنناخېرىب ئالتە يىلنى قورال-ئۈسكۈنلەرنى تەييارلاشقا سەرپ قىلغان، ئاندىن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭ ھەم چىرايلىق كوچا-رەستىلەرنى قۇرغان. شەھەر ئوتتۇرىسىدىن كەڭ ھەم چوڭقۇر تىگرىس (دىجلىس) دەرياسى ئېقىپ ئۆتۈپ تۇرغان؛ مۇبادا شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قورشىۋېلىنسا، سۇ تەمىنلەش مەسىلىسى توغرۇلۇق ھېچ ئەندىشىسى يوق ئىدى.

يۇنۇس پەيغەمبەر يۈز يىل ئىلگىرى نىنەۋەھ شەھىرىگە بېرىپ ئۇنىڭغا خۇدانىڭ دەرغەزىپى سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چۈشەي دەپ قالدى، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. شۇ چاغدا نىنەۋەدىكىلەر قاتتىق توۋا قىلغان، ھەم خۇدا ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلغانىدى (يۇنۇس پەيغەمبەر ئەسلىدە بۇنىڭدىن نارازى بولغانىدى – «يون.» 10:3-4:4). بىراق ئۇلار ئۇنىڭ كەچۈرۈمىنى ئۇنتۇپ، ناھۇم پەيغەمبەر ئەيىبلىگەن كونا گۇناھلىرىنى يەنە سادىر قىلغان؛ شۇڭا خۇدانىڭ يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ كۆنلىرىدە كېچىكتۈرگەن دەرغەزىپى ئاخىرى چۈشۈشكە ئاز قالغان. ئاسۇرىيەنىڭ ئېغىر گۇناھلىرىنى ناھۇم پەيغەمبەر مەزكۇر يازمىسىنىڭ ئۈچىنچى بابىدا كۆرسىتىدۇ: –

(1) ئۇ قانخورلۇق ھەم زۇلۇم-زوراۋانلىققا خۇمار ئىدى. ئاسۇرىيە ئۈچۈن بۇ ھەتتا ئۇنىڭ دىن-ئېتىقادىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانىدى (3:1). كىتابنىڭ 3-باب، 8-10-ئايەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن نو-ئامون (تېبەس)غا بولغان زوراۋانلىق، رەزىل مۇئامىلە ئاسۇرىيە پادىشاھى ئاشۇرىبانىپال تەرىپىدىن قىلىنغان.

(2) يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق (1:3). ئاسۇرىيە نۇرغۇن ئەللەر بىلەن ئەھدە تۈزگەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان. تەۋرات، «2پاد.» 16-18-بابلاردا مىسال بار.

(3) باشقا ئەللەرگە رەھىمسىز بۇلاڭچىلىق قىلىشى (1:3).

(4) پاھىشىۋازلىق بىلەن ئارىلاش يۈرگۈزگەن بۇتپەرەسلىك ھەم سېھىر-جادۇگەرلىكى؛ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى باشقا ئەللەرگە ئېزىتقۇلۇق بىلەن ئۆگىتىشى.

(5) ئۇلارنىڭ بەچچىۋازلىقى، بولۇپمۇ پادىشاھى ساردونوپولىسنى ئۆلگە قىلىپ ئەگىشىشى. كونا گرېتسىيە تارىخچىلىرى بىزگە ئۇنىڭ ئايالچە كىيىنىپ يۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرلەندۈرىدۇ.

تەپەككۇر قىلغىلى بولىدۇكى، توپ-زەمبىرەكسىز بىر دەۋردە نىنەۋەدەك «يېڭىلمەس» بىر شەھەرنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى بېشارەت ناھۇمنىڭ زامانىدىكى ئېتىقادسىزلارغا تېتىقسىز ئىشەنمەسلىك كۆلكىلىرى ئىچىدە ئاڭلانغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ بېشارىتى دەل شۇ ئىدى، ھەمدە تۆۋەندە ئېيتقىنىمىزدەك، مىلادىيەدىن ئىلگىركى 612-يىلى سۆزمۇسۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

مىلادىيەدىن ئىلگىركى 612-يىلى بابىل ئىمپېراتورى نابوپولاسسار (ئۇلۇغ پادىشاھ نېبوقادنەسارنىڭ ئاتىسى) بابىل ھەم ئىتتىپاقدىشى مېدىئادىكى ئىككى قوشۇننى يېتەكلەپ نىنەۋە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەر ئىككى باسقۇچلۇق جەڭ بىلەن، يەنى ئاۋۋال تاشقى سېپىلى، ئاندىن ئىچكى سېپىلى بۆسۈلۈشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. بۇ ئىككى باسقۇچ پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتىدە بىر-بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىلغان. بابىل قوشۇنى تاشقى سېپىلنى بۆسۈشكە ئۈچ قېتىم جەڭ قىلدى، ئۈچ قېتىملىق جەڭنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. بابىل قوشۇنى ئۈچىنچى قېتىم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن نىنەۋەدىكىلەر چوڭ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى؛ نىنەۋەلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەست بولۇشۇپ كەتكەنىدى.

مېسوپوتامىيەدە ئادەتتە يامغۇر ياغمايدۇ. نىنۋەدىكىلەر بۇ يىل ئىيۇل ۋە ئاۋغۇستتا كۆپ قېتىم ياغقان يامغۇرغا ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى. شۇ يىلى قاتتىق يامغۇر بولغاچقا، تىگرىس دەرياسى تېشىپ كەتكەنىدى، نەتىجىدە دەريا سۇلىرى كەلكۈن بولۇپ، نىنەۋەنىڭ تاشقى سېپىلىنىڭ ئۈچ كىلومېتر يېرىنى ئېقىتىپ كەتتى. بابىلدىكى قوشۇن دەرھال شۇ يەردىن بۆسۈپ كىرىپ ئىچكى سېپىلغا ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشتى. شۇ چاغدا نىنەۋە پادىشاھى ساردونوپولىس ئاسۇرىيەنىڭ بۇرۇنقى بىر بۇتپەرەس ھۆكۈماسىنىڭ: «سۇ شەھەرنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغاندا، ئاسۇرىيە تۈگىشىدۇ» دېگەن بىر بېشارىتىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ئۈمىدسىزلەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بېشارەت ئەسلىدە نىنەۋەدىكى كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلغانىدى — تىگرىس دەرياسى نىنەۋەنى بېيىتقان ئەمەسمىدى؟ — ئەمما خۇدا ئاسۇرىيەنىڭ ھۆكۈماسىنىڭ شۇ گېپىنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇردى.

ساردونوپولىس ئۈمىدسىزلىكتىن ئوردىسى ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر گۈلخان يېقىپ، ئۆزى، بارلىق كېنىزەكلىرى ۋە بايلىقلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ خانىشى

ئەسىرگە ئېلىندى. شەھەر گۇمران قىلىندى. «بۈيۈك ئىسكەندەر» 300 يىلدىن كېيىن ئاشۇ يەردىن ئۆتكەندە، نىنەۋە شەھىرىنى كۆرمەي، بەلكى پەقەت سەل چوڭراق بىر دۆڭلۈكنى بايقىدى. ناھۇمنىڭ بېشارىتىدەك «قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ (خۇدانىڭ) دۈشمەنلىرىنى قوغلايدۇ» (8:1). 19-ئەسىردىكى بەزى ئېتىقادسىز ئالىملار مۇقەددەس كىتابتا نىنەۋەنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم ئۇلۇغلۇقى توغرۇلۇق بولغان گۇۋاھلىقىنمۇ مازاق قىلغان. چۈنكى نىنەۋە ئىزسىز يوقاپ كەتكەنىدى. شەھەر 1845-يىلى فرانسۇز ئارخېئولوگ لايارد تەرىپىدىن دۇنيانى قاتتىق ھەيرانۇھەس قىلىپ ئاشكارىلانغان.

ھازىرقى زامانىمىزدىمۇ دۇنيادىكى خەلق يەنىلا ئۇ-بۇ ھۆكۈمەت ياكى دۆلەتنىڭ «ئۇلۇغ قۇدرەت»ى توغرۇلۇق سۆزلەپ يۈرۈشىدۇ؛ بەزى دۆلەتلەر نادانلارچە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرۇلۇق ماختىنىپ كېتىدۇ. «ناھۇم پەيغەمبەر» دېگەن كىتاب بىزنى بۇ دۇنيادىكى بارلىق ھوقۇق ھەم قۇدرەت ئادەملەرگە خۇدا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان، دەپ خەۋەرلەندۈرىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ھوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلسا، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئادالەتنى بۇرمىلىسا، خۇدا ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنى سوراققا تارتىپ جازالاپ، ئۇلارنىڭ «بۈيۈك» ھوقۇقىنى ھەتتا بىر كېچىدىلا ئۇلاردىن تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىز «ناھۇم پەيغەمبەر»دىن ئۆگىنەلەيمىزكى، خۇدا ھەممىمىزنى ئايرىم-ئايرىم بىلىدۇ ھەم «پەرۋەردىگار مېھرىباندۇر، كۈلپەتلىك كۈندە باشپاناھدۇر؛ ئۆزىگە تايانغانلارنى ئۇ بىلىدۇ» (7:1). ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇسۇن، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ھازىرقى بۇ رەزىل دەۋرگە چوقۇم چۈشۈرىدىغان دەرغەزىپىدىن خالىي بولۇپ، ئۇنىڭ قاناتلىرى ئاستىدىن توۋا ھەم كەمتەرلىك بىلەن ھىمايە تاپسۇن.

ئەمدى «ناھۇم پەيغەمبەر»دە بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى كۆرىمىز: —

(1) خۇدا بەربىر ئىنسانلارنىڭ بارلىق سەلتەنەتلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

(2) خۇدا ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ.

(3) خۇدا ھەزرىتى ئىبراھىمغا بەرگەن ۋەدە ھەر دەۋردە ئىناۋەتلىك («يارىتىلىش، 12-باب، 1-3-ئايەت) «كىمكى سېنى (ۋە شۇنداقلا ئەۋلادلىرىڭنى) خورلىسا، مەن چوقۇم ئۇنى لەنەتكە قالدۇرىمەن». ئىسرائىل خەلقى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى، ئەلۋەتتە.

(4) «پەرۋەردىگار ئۆزىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە باشپاناھدۇر».

تەرجىمىمىزدە بىز تەۋراتشۇناس ئالىملارنىڭ تەتقىقلىرىدىن، بولۇپمۇ يەھۇدىي ئالىم «دوكتور ئارنولد فرۇختېنبائۇم» ھەم ئامېرىكىلىق ئالىم «پروفېسسور داۋۇت بەيكەر»لەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندۇق.

## مەزمۇن: -

1-باب – خۇدانىڭ نىنەۋەنىڭ ھالاكىتى توغرۇلۇق پەرمانى
2-باب – نىنەۋەنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ تەسۋىرلىرى
3-باب – نىنەۋەنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى سەۋەبلەر

# ناھۇم

## خۇدانىڭ نىنەۋەنىڭ ھالاكىتى توغرۇلۇق پەرمانى

1 [1]نىنەۋە شەھىرى توغرىسىدا يۈكلەنگەن ۋەھىي ــ ئەلكوشلۇق
ناھۇم كۆرگەن ئالامەت كۆرۈنۈش خاتىرىلەنگەن كىتاب.

[2]پەرۋەردىگار ئوتلۇق مۇھەببەتلىك، ئىنتىقام ئالغۇچى بىر خۇدادۇر؛
بەرھەق، پەرۋەردىگار بىر ئىنتىقام ئالغۇچى،
دەرغەزەپ ئىگىسىدۇر؛
پەرۋەردىگار ياۋلىرىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ،
دۈشمەنلىرى ئۈچۈن ئاداۋەت ساقلايدۇ.
[3]پەرۋەردىگار ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايدۇ،
كۈچ-قۇدرەتتە ئۇلۇغدۇر،
گۇناھى بارنى ھېچ ئاقلىمايدۇ؛
پەرۋەردىگار ــ ئۇنىڭ يولى قارا قۇيۇندا ۋە بوراندىدۇر،
بۇلۇتلار ئۇنىڭ ئاياغلىرى پۇرقىراتقان چاڭ-توزاڭدۇر.
[4]ئۇ دېڭىزغا تەنبىھ بېرىپ ئۇنى قۇرۇق قىلىدۇ،
بارلىق دەريالارنى قۇرۇتىۋېتىدۇ؛
باشان قاغجىراپ كېتىدۇ،
كارمەلمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ؛
لىۋاندىكى گۈل-گىياھمۇ قاغجىرايدۇ.

---

1:1 «**يۈكلەنگەن ۋەھىي**» ــ ئىبرانىي تىلىدا «ماسسا» (ئاساسىي مەنىسى «يۈك») دېگەن بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىپ ھەم «ۋەھىي» ھەم «پەيغەمبەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بىر ۋەزىپە» دېگەن ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2:1 مىس. 5:20

4:1 «**بارلىق دەريالارنى قۇرۇتىۋېتىدۇ؛ باشان قاغجىراپ كېتىدۇ، كارمەلمۇ ھەم شۇنداق**

5 تاغلار ئۇنىڭ ئالدىدا تىترەپ كېتىدۇ،
دۆڭلەر ئېرىپ كېتىدۇ،
يەر يۈزى ئۇنىڭ ھۇزۇرى ئالدىغا كۆتۈرۈلىدۇ،
جاھان ھەم ئۇنىڭدا بارلىق ياشاۋاتقانلارمۇ شۇنداق بولىدۇ.
6 كىم ئۇنىڭ غەزىپى ئالدىدا تىك تۇرالىسۇن؟
كىم ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ دەھشىتىدە قەددىنى كېرىپ تۇرالىسۇن؟
ئۇنىڭ دەرغەزىپى ئوتتەك تۆكۈلىدۇ،
ئۇنىڭ ئالدىدا تاشلار يېرىلىدۇ.
7 پەرۋەردىگار مېھرىباندۇر، كۈلپەتلىك كۈندە باشپاناھدۇر؛
ئۆزىگە تايانغانلارنى ئۇ بىلىدۇ.
8 بىراق ئېشىپ تاشقان كەلكۈن بىلەن شۇ يەرنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرىدۇ،
قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى قوغلايدۇ.
9 سىلەر پەرۋەردىگار بىلەن قارشىلىشىپ نېمە ئويلاۋاتىسىلەر؟
ئۇ ئىشلىرىڭلارنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرىدۇ؛

---

**بولىدۇ؛ لىۋاندىكى گۈل-گىياھمۇ قاغجىرايدۇ»** ــ باشان ۋە لىۋاندا ھۆل-يېغىن كۆپ، بەك مول بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئوتلاقلىرى ئىنتايىن مۇنبەت ئىدى. كارمەل بولسا ئىسرائىلدا ھۆل-يېغىن ئەڭ كۆپ بولىدىغان جاي؛ ئۇ «قاغجىراپ كەتكەن» بولسا، باشقا جايلار تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى.

**5:1** مىس. 18:19؛ زەب. 7:18-9؛ 4:29-6؛ 4:97، 5؛ 4:114.

**7:1** يو. 16:3

**8:1 «بىراق ئېشىپ تاشقان كەلكۈن بىلەن شۇ يەرنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرىدۇ»** ــ «ئېشىپ تاشقان كەلكۈن» پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدا ئادەتتە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىپ «تاجاۋۇز قىلغۇچى قورقۇنچلۇق قوشۇن»نى كۆرسىتىدۇ. بىراق «ناھۇم» دېگەن ئۇشبۇ قىسمىدا، ئۇ ھەم ئەسلى مەنىسىدە (كەلكۈن) بىلەن قوللىنىلغان ھەم «تاجاۋۇزچى قوشۇن» دېگەن كۆچمە مەنىدىمۇ قوللىنىلغان. نىنەۋە شەھىرى تىگرىس دەرياسىنىڭ ئېشىپ تېشىشى ھەم بابىل قوشۇنى تەرىپىدىن يەر بىلەن تەڭ قىلىنغان.
—«شۇ يەر» بەلكىم نىنەۋە شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يامانلىق سىلەردىن ئىككىنچى قېتىم چىقمايدۇ.
10 ئۇلار قامغاقتەك بىر-بىرىگە چىرمىشىۋالغان بولسىمۇ،
ئۆز هاراقلىرىدىن سۇزمە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ،
ئۇلار قۇرۇق پاخالدەك پۈتۈنلەي يەپ كېتىلىدۇ.
11 سەندىن پەرۋەردىگارغا رەزىللىك ئويلىغۇچى چىققاندى،
ئۇ ئىبلىسنىڭ بىر نەسىهەتچىسىدۇر.
12 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: —
«ئۇلارنىڭ تەييارلىقلىرى تولۇق، سانى زور كۆپ بولسىمۇ،
ئۇلار ئوخشاشلا ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ،
شۇنداقلا كەلمەسكە كېتىدۇ؛
مەن ساڭا ئازار قىلغىنىم بىلەن، ئى خەلقىم،
قايتىدىن ساڭا ئازار قىلمايمەن.

---

9:1 **«ئۇ ئىشلىرىڭلارنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرىدۇ»** — ياكى «ئۇ ئۆزى قىلماقچى بولغىنىنى بەربىر ئادا قىلىدۇ». **«يامانلىق سىلەردىن ئىككىنچى قېتىم چىقمايدۇ»** — كونا زامانلاردىكى نۇرغۇن «ۋەيران قىلىنغان» شەھەرلەر كېيىن قايتا قۇرۇلغان. مەسىلەن، يېرۇسالېم شەھىرى ئاز دېگەندە بەش قېتىم قايتىدىن قۇرۇلغان. بىراق نىنەۋە شەھىرى غۇلىتىۋېتىلگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي يوقاپ كەتتى.

**9:1** پەند. 11:4؛ ئەز. 7:19؛ زەف. 1:14-16؛ دان. 9:26-27؛ يەش. 10:22-23؛ يەر. 30:11؛ 46:28؛ ناھ. 1:9

10:1 **«ئۆز هاراقلىرىدىن سۇزمە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ،...»** — پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە، نىنەۋە شەھىرىدىكى ھەممە پۇقرا مەست بولغان ۋاقتىدا ۋەيران قىلىنىدۇ، دەپ پۈرىتىدۇ. **«ئۇلار قۇرۇق پاخالدەك پۈتۈنلەي يەپ كېتىلىدۇ»** — مەنىسى بەلكىم «كۆيدۈرۈلىدۇ». باشقا بىرنەچچە خىل تەرجىمىلەر ئۇچرىشى مۇمكىن.

11:1 **«ئۇ ئىبلىسنىڭ بىر نەسىهەتچىسىدۇر»** — «ئىبلىس» مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا «بېلىئال» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز تەۋراتتا ئادەتتە شەيتاننىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. باشقا تەرجىمىلەردە «رەزىل»، «ئەرزىمەس» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.
—مۇمكىنچىلىكى باركى، بۇ «ئىبلىسنىڭ نەسىهەتچىسى» سەنناخېرىبنى كۆرسىتىدۇ (سەنناخېرىب مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 702-يىلى يەھۇداغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان. ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى ھەم ئۆلۈمى تەۋراتتا، «يەشايا» 36-38 بابلاردا خاتىرىلەنگەن). ئۇنداق بولغاندا، ناھۇم پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ بۇ بېشارىتىنى مەزكۇر كىتابنى رەسمىي توپلاپ پۈتكۈزۈشتىن 50 يىل بۇرۇن، يەنى ياش ۋاقتىدا خاتىرىلىگەن بولىدۇ.

12:1 **«ئۇلارنىڭ تەييارلىقلىرى تولۇق، سانى زور كۆپ بولسىمۇ،... »** — «تەييارلىقلىرى تولۇق، سانى زور كۆپ» — بۇ ئاسۇرىيەلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تەسۋىرلەشكە دائىم ئىشلىتىدىغان

13 ھازىر مەن ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى بويىنۇڭدىن سۇندۇرۇپ ئېلىۋاتىمەن،
ۋە ئاسارەتلىرىڭنى بۆسۈپ تاشلايمەن.
14 پەرۋەردىگار سەن توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرگەنكى،
سېنىڭ نامىڭ قايتىدىن تېرىلمەيدۇ؛
بۇتۇڭنىڭ ئۆيىدىن مەن ئويما ھەيكەل، قۇيما ھەيكەلنى يوقىتىمەن؛
مەن قەبرەڭنى تەييارلاۋاتىمەن،
چۈنكى سەن پەسەندىدۇرسەن.
15 مانا تاغلار ئۈستىدە، خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ
ئاياغلىرىغا،
ئارام-خاتىرجەملىكنى جاكارلىغۇچىنىڭ ئاياغلىرىغا قارا!
ھېيتلىرىڭنى تەبرىكلە، ئى يەھۇدا، ئىچكەن قەسەملىرىڭنى ئادا
قىل؛
چۈنكى ئۇ رەزىل بولغۇچى زېمىنىڭدىن ئىككىنچى ئۆتمەيدۇ؛
ئۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلانغان بولىدۇ.

## نىنەۋەنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ تەسۋىرلىرى

---

ئىبارە. «ئۇلار ئوخشاشلا ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ، شۇنداقلا كەلمەسكە كېتىدۇ» — ئىبارانىي تىلدا «كەلمەسكە كېتىدۇ» دېگەن بۇ سۆز بەزىدە «تامچىلاپ-تامچىلاپ يوقاپ كېتىدۇ» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

14:1 **«پەرۋەردىگار سەن توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرگەنكى، سېنىڭ نامىڭ قايتىدىن تېرىلمەيدۇ؛ ...»** — خۇدا مۇشۇ يەردە قايتىدىن ئاسۇرىيە پادىشاھىغا سۆز قىلىدۇ.
—«سېنىڭ نامىڭ ... تېرىلمەيدۇ» — بۇ بەلكىم ئىككى بىسلىق سۆز. بىرىنچىدىن ئاسۇرىيە پادىشاھىنىڭ ھېچ نەسلى قالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنى ئەسلىتىدىغان ھېچ ئابىدىلەر، خاتىرە تاشلار قالمايدۇ (ئاسۇرىيە پادىشاھلىرى ئەسلىدە چوڭ-چوڭ ئابىدە تاشلىرىغا ناھايىتى ئامراق ئىدى).
**«مەن قەبرەڭنى تەييارلاۋاتىمەن»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «مەن ئۇنى (يەنى پادىشاھنىڭ بۇتخانىسىنى) قەبرەڭ قىلىپ بېكىتىمەن».
15:1 **«مانا تاغلار ئۈستىدە، خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ ئاياغلىرىغا، ئارام-خاتىرجەملىكنى جاكارلىغۇچىنىڭ ئاياغلىرىغا قارا!»** — مۇشۇ خۇش خەۋەرنىڭ مەزمۇنى بەلكىم نىنەۋە شەھىرى ۋەيران بولۇپ، خۇدانىڭ خەلقىگە خاتىرجەم كۈنلەر كەلدى، دېگەنلىك.
**15:1** يەش. 7:52؛ رىم. 15:10

## خۇدا نىنەۋەگە قايتىدىن سۆز قىلىدۇ

2 1 بىتچىت قىلىدىغان بىرسى كۆز ئالدىڭغىلا كەلدى؛
ئەمدى ئىستىھكام ئۈستىدە كۆزەت قىل،
يولغا قارا، بېلىڭنى باغلا، كۈچلىرىڭنى يىغىپ تېخىمۇ كۈچەيت!
2 (چۈنكى پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ شان-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى،
ئۇنى ئىسرائىلنىڭ شان-شەرىپىگە لايىق دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈردى؛
چۈنكى قۇرۇقدىغۇچىلار ئۇلارنى قۇرۇقداپ قويغانىدى،
ئۇلارنىڭ ئۈزۈم تال شاخلىرىنى ۋەيران قىلغانىدى).
3 بىتچىت قىلغۇچىنىڭ پالۋانلىرىنىڭ قالقانلىرى قىزىل بويالدى،
ئۇنىڭ باتۇرلىرى پەرەڭدە كىيگۈزۈلدى؛
تەييارلىق كۈنىدە، جەڭ هارۋىلىرى پولاتنىڭ جۇلاسىدا يالتىراپ كېتىدۇ،
نەيزىلەر ئوينىتىلىدۇ؛

---

1:2 **«بىتچىت قىلىدىغان بىرسى كۆز ئالدىڭغىلا كەلدى»** — دېمەك، بىرسى سەن نىنەۋەنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ. **«ئەمدى ئىستىھكام ئۈستىدە كۆزەت قىل، يولغا قارا، بېلىڭنى باغلا، كۈچلىرىڭنى يىغىپ تېخىمۇ كۈچەيت!»** — بۇ كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ — نىنەۋەلىكلەر جەڭگە شۇنچە كۆپ تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى بىكار بولىدۇ.

2:2 **«پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ شان-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۇنى ئىسرائىلنىڭ شان-شەرىپىگە لايىق دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈردى»** — ئوقۇرمەنلەر بەلكىم ئېسىگە كەلتۈرىدۇكى، خۇدا ياقۇپ پەيغەمبەرگە يېڭى ئىسىم قويىدى، يەنى «ئىسرائىل» دەپ قويىدى. «ياقۇپ»نىڭ مەنىسى «ئالدامچى» ياكى «باشقىنىڭ ئورنىنى باسقۇچى»، «ئىسرائىل»نىڭ مەنىسى «خۇدا بىلەن بىللە بولغان شاھزادە». دېمەك، خۇدا ياقۇپنىڭ ئەگرى-توقاي يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا پارلاق كېلەچەك بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس كىتابتا، «ياقۇپ» بەزى ۋاقىتلاردا ئىسرائىلنىڭ «كونا تەبىئىتى»نى، يەنى خۇدا ئۆچ كۆرگەن يامان ئىللەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. **«چۈنكى قۇرۇقدىغۇچىلار ئۇلارنى قۇرۇقداپ قويغانىدى، ئۇلارنىڭ ئۈزۈم تال شاخلىرىنى ۋەيران قىلغانىدى»** — ئاسۇرىيە ئىسرائىل ھەم يەھۇدانى كۆپ قېتىم ھەرخىل ئۇسۇل (بۇلاڭچىلىق، جازانخورلۇق، باج-سېلىق قاتارلىقلار) بىلەن «قۇرۇقداپ قويغانىدى».

**2:2** زەب. 80:12-13؛ يەش. 10:12

3:2 **«بىتچىت قىلغۇچىنىڭ پالۋانلىرىنىڭ قالقانلىرى قىزىل بويالدى»** — «قالقانلىرى قىزىل بويالدى» مۇمكىنچىلىكى باركى، ئاسۇرىيە لەشكەرلىرى جەڭگە تەييارلانغىنىدا قالقانلىرىنى قىزىل

4 جەڭ ھارۋىلىرى كوچىلاردا گۈلدۈرلىشىپ چېپىشۋاتىدۇ؛
كەڭ يوللاردا بىر-بىرىگە سوقۇلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ قىياپىتى مەشئەللەردەك بولىدۇ،
ئۇلار چاقماقلاردەك يۈگۈرۈشىدۇ.
5 سەردار ئەمىرلىرىگە ئەمر چۈشۈرىدۇ؛
ئۇلار يۈرۈش قىلغىنىدا ئالدىرىغىنىدىن بىر-بىرىگە پۇتلىشىپ ماڭىدۇ؛
نىنەۋەنىڭ سېپىلىغا قاراپ ئالدىرايدۇ،
باشلىرىغا بولسا «مۇھاسىرە قالقىنى» تەييارلىنىدۇ.
6 «دەريالارنىڭ دەرۋازىلىرى» ئېچىلىدۇ،
پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئېرىپ كېتىدۇ.

---

رەڭدە بوياپ قويياتتى.
5:2 **«سەردار ئەمىرلىرىگە ئەمر چۈشۈرىدۇ»** ــ «سەردار» ئىبرانىي تىلىدا «ئۇ» دېيىلىدۇ. بىزنىڭچە دۈشمەنلەرنىڭ سەردارىنى كۆرسىتىدۇ (1-ئايەتنى كۆرۈڭ).
—بەزى ئالىملار «ئۇ» ئاسۇرىيە پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ئايەت ئاسۇرىيەلىكلەرنىڭ جىددىي مۇداپىئە تەييارلىقى قىلىۋاتقىنىنى كۆرسىتىدۇ.
—**«باشلىرىغا بولسا «مۇھاسىرە قالقىنى» تەييارلىنىدۇ»** ــ «مۇھاسىرە قالقىنى» ئەسكەرلەر سېپىلغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆرۈمەكچى بولغاندا، باشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن باش ئۈستىگە چوڭ بىر قالقاندەك نەرسىنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «قالقانلىق پوتەي».
6:2 **««دەريالارنىڭ دەرۋازىلىرى» ئېچىلىدۇ، پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئېرىپ كېتىدۇ»** ــ «دەريالارنىڭ دەرۋازىلىرى» دېگەنلىك نېمە مەنىسى؟ تىگرىس دەرياسىنىڭ تارماق-ئېرىقلىرى نىنەۋە شەھىرىدىن ئۆتەتتى. دەريالار سېپىلدىن ئۆتكەن جايلاردا كېمىلەرنى ئۆتكۈزۈش-ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەم باشقا جايلاردا سۇ ئېقىملىرىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن دەرۋازا-تاقاقلار بېكىتىلگەنىدى. دەل نىنەۋە شەھىرى مۇھاسىرىگە ئېلىنغان چاغدا دەريا تېشىپ، ئۇنىڭ تاشقى سېپىلىنىڭ 3 كىلومېتىرلىق قىسمىنى ئېقىتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بابىل قوشۇنى بۆسۈپ كىرىپ، ئاندىن ئىچكى سېپىلغا ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشتى.
—«پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئېرىپ كېتىدۇ» ــ بەلكىم پادىشاھ ھەم ئوردىدىكىلەرنىڭ يۈرىكى قورقۇنچتىن ئېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پادىشاھ بارلىق بايلىقلىرىنى يوغان بىر گۈلخان قىلىپ، ئۆزى ۋە كېنىزەكلىرىنى گۈلخانىنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرۈۋالدى.
—بەزى ئالىملار بۇ سۆزنى جىسمانىي تەرەپتىن: «ئوردا (دەريا ئېقىمى بىلەن) ئېقىپ كېتىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ.

7 خۇززابىنىڭ بولسا ئۇياتلىرى ئېچىلىدۇ ــ
دۈشمەن تەرىپىدىن يالاپ ئېپكېتىلىدۇ،
دېدەكلىرى خۇددى پاختەكلەرنىڭ ساداسىدەك ئاھ-ئۇھ تارتىپ،
مەيدىلىرىنى ئۇرۇپ كېتىدۇ.
8 نىنەۋە ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى كۆل سۈيىدەك تىنچ بولۇپ كەلدى،
بىراق ئۇلار ھازىر قېچىپ كېتىدۇ...
ئەي توختا! ئەي توختا!
بىراق ھېچكىم كەينىگە قارىمايدۇ.
9 كۈمۈشلەرنى بۇلىۋېلىڭلار، ئالتۇنلارنى بۇلىۋېلىڭلار؛
چۈنكى ئۇنىڭ شەۋكەتلىك خەزىنىسىدىكى قىممەت قاچا-قۇچىلىرىنىڭ سانى يوقتۇر.
10 ئۇ قۇرۇقدالغان، ۋەيران قىلىنغان، بەربات بولغان!
يۈرىكى ئېرىپ كېتىدۇ،
تىزلىرى بىر-بىرىگە جالاقلاپ تەگمەكتە؛
بەللىرى تولغاق تۇتقاندەك تولغىنىدۇ،
بارلىق يۈزلەر تاتىرىپ كېتىدۇ.
11 قېنى، شىرلارنىڭ ئۇۋىسى؟
ياش شىرلار ئوزۇقلىنىدىغان جاي،
شىر، چىشى شىر، شىر ئارسلىنى ھېچكىمدىن قورقماي يۈرگەن جاي

---

7:2 **«خۇززابىنىڭ بولسا ئۇياتلىرى ئېچىلىدۇ»** ــ «خۇززاب» بولسا بەلكىم نىنەۋە خانىشىنىڭ ئىسمى (بۇ ئىسىم ئۇلارنىڭ بىر ئايال بۇتىنىڭ ئىسمى، يەنى «ئىشتار» دېگەن ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك). پادىشاھ ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالغىنى بىلەن خانىش ئۆزى تىرىك قېلىپ رەسۋا قىلىنىپ، دېدەكلىرى بىلەن قۇللۇققا ئەۋەتىلىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى بار ــ «مانا بۇ شۇنداق بېكىتىلگەندۇر، ــ ئۇنىڭ (نىنەۋە شەھىرىنىڭ) ئۇياتلىرى ئېچىلىدۇ...».
8:2 **«نىنەۋە ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى كۆل سۈيىدەك تىنچ بولۇپ كەلدى، بىراق ئۇلار ھازىر قېچىپ كېتىدۇ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «نىنەۋە بىر كۆل سۈيىدەكتۇر، بىراق ھازىر سۇلىرى يوقاپ كېتىدۇ...».
**10:2** قان. 28:1؛ 8:20؛ يە. 11:2؛ 1:5؛ 5:7؛ يەش. 7:13، 8؛ 3:21؛ ئەز. 12:21.

قېنى؟
12 شىر ئۆز ئارسلانلىرىنى قاندۇرۇشقا ئوۋلارنى تىتما-تىتما قىلغانىدى،
چىشى شىرلىرى ئۈچۈن ئوۋلارنى بوغقانىدى؛
ئۆڭكۈرلىرىنى ئوۋ بىلەن، ئۇۋىلىرىنى ئولجا بىلەن توشقۇزغانىدى.
13 مانا، مەن ساڭا قارشىمەن، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار؛
مەن سېنىڭ جەڭ ھارۋىلىرىڭنى ئىس-تۈتەككە ئايلاندۇرۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن؛
قىلىچ ياش شىرلىرىڭنى يەۋاتىدۇ،
ئوۋاڭنى يەر يۈزىدىن ئېلىپ تاشلايمەن؛
ئەلچىلىرىڭنىڭ ئاۋازلىرى قايتا ھېچ ئاڭلانمايدۇ.

## نىنەۋەنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى سەۋەبلەر

3
1 قانلىق شەھەرگە ۋاي!
ئۇ يالغانچىلىق، زۇلۇم-زوراۋانلىق بىلەن تولغان،
ئۇ ئولجا ئېلىشتىن ھېچ قول ئۈزگەن ئەمەس!
2 ئاھ، قامچىنىڭ قارسىلداشلىرى!
چاقلىرىنىڭ داقاڭشىۋاتقان،
ئاتلارنىڭ چاپچىۋاتقان،
يىڭىلداپ كېتىۋاتقان جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ سادالىرى!
3 قارا، ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ قاڭقىشلىرى،

---

11:2 «قېنى، شىرلارنىڭ ئۇۋىسى؟ ياش شىرلار ئوزۇقلىنىدىغان جاي، شىر، چىشى شىر، شىر ئارسلىنى ھېچكىمدىن قورقماي يۈرگەن جاي قېنى؟» ــ شىر ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ سىمۋولى ئىدى.
13:2 «مەن سېنىڭ جەڭ ھارۋىلىرىڭنى ئىس-تۈتەككە ئايلاندۇرۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن» ــ ئىبرانىي تىلىدا «مەن ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىلىرىنى ئىس-تۈتەككە ئايلاندۇرۇپ كۆيدۈرىۋېتىمەن».
1:3 «قانلىق شەھەرگە ۋاي!» ــ «قانلىق شەھەر» نىنەۋە شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە؛ 1-3-ئايەتلەردە، بۆسۈپ كىرگەن قوشۇنلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

قىلىچلارنىڭ ۋالىلداشلىرى،
نەيزىلەرنىڭ پالىلداشلىرى،
ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ كۆپلۈكى،
ئۆلۈكلەر دۆۋە-دۆۋە!
جەسەتلەرنىڭ سانى يوقتۇر؛
ئۇلار جەسەتلەرگە پۇتلىشىدۇ.
4 — سېھىرلەرنىڭ پىرى ئۇ،
ئەللەرنى پاھىشىۋازلىقى،
جەمەتلەرنى سېھىرلىرى بىلەن سېتىۋېتىدۇ؛
سەن شېرىنسۇخەن پاھىشىنىڭ نۇرغۇن پاھىشىلىكلىرى تۈپەيلىدىن،
5 مانا، مەن ساڭا قارشىلىشىپ چىققانمەن، —
دەيدۇ ساماۋىي قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار،
كۆڭلىكىڭنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ يۈزۈڭگە يېپىپ، سېنى ئاشكارىلايمەن،
ئەللەرگە ئۇيات يەرلىرىڭنى،
پادىشاھلىقلارغا نومۇسۇڭنى كۆرسىتىمەن.
6 ئۈستۈڭگە نىجاسەتنى تاشلايمەن،
سېنى شەرمەندىچىلىكتە قالدۇرىمەن،
سېنى رەسۋا قىلىمەن.
7 ۋە شۇنداق بولىدۇكى،
سېنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى سەندىن قېچىپ: —
«نىنەۋە ۋەيران قىلىندى! ئۇنىڭ ئۈچۈن كىم ھازا تۇتىدۇ؟» — دەيدۇ؛

4:3 **«سېھىرلەرنىڭ پىرى ئۇ»** — «ئۇ» بۇ يەردە نىنەۋە شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇ... ئەللەرنى پاھىشىۋازلىقى، جەمەتلەرنى سېھىرلىرى بىلەن سېتىۋېتىدۇ؛ سەن شېرىنسۇخەن پاھىشىنىڭ نۇرغۇن پاھىشىلىكلىرى تۈپەيلىدىن،...»** — نىنەۋەدىكىلەر رەھىمسىزلىك، زوراۋانلىقتىن ھەۋەس ئالغان بولۇپلا قالماي، يەنە كۆپ ئەللەرگە كۆپ جادۇگەرلىك ھەم خۇراپاتلىق ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ پاسكىنا بۇتپەرەسلىكىنى تارقاتقانىدى.

**مەن ساڭا تەسەللى بەرگۈچىلەرنى نەدىن تېپىپ بېرىمەن؟**
**8 سەن دەريالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان،**
**ئەتراپىدا سۇلار بولغان،**
**ئىستىھكامى دېڭىز بولغان،**
**سېپىلى دېڭىز بولغان نو-ئامون شەھىرىدىن ئەۋزەلمۇسەن؟**
**9 ئېفىئوپىيەمۇ، مىسىرمۇ ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئىدى،**
**ئۇلارنىڭ كۈچى چەكسىز ئىدى؛**
**پۇت ھەم لىۋىيەلىكلەر ئۇنىڭغا ياردەمچى ئىدى؛**
**10 ئۇمۇ ئېلىپ كېتىلىپ، ئەسىرلىككە چۈشكەن؛**
**بارلىق كوچا بېشىدا بوۋاقلىرى چۈرۈپ تاشلىۋېتىلدى؛**
**ئۇلار ئۇنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۈچۈن چەك تاشلىدى،**
**ئۇنىڭ بارلىق ئەربابلىرى زەنجىردە باغلانغانىدى.**
**11 سەنمۇ مەست بولىسەن؛**
**سەن مۆكۈنۈۋالىسەن؛**
**سەن دۈشمەنىدىن ھىمايە ئىزدەپ يۈرىسەن؛**

---

7:3 **«مەن ساڭا تەسەللى بەرگۈچىلەرنى نەدىن تېپىپ بېرىمەن؟»** — ناھۇم پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە سۆز ئويىنى قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىسمى («تەسەللى بەرگۈچى» دېگەن مەنىدە) ئۈستىدە كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يەھۇدا خەلقىگە بېشارەتلىرى بىلەن تەسەللى بەرگەنىدى. بىراق «نىنەۋە شەھىرى ئۈچۈن «ناھۇم»لار نەدىن تېپىلىدۇ؟».
9:3 **«پۇت ھەم لىۋىيەلىكلەر ئۇنىڭغا ياردەمچى ئىدى»** — «پۇت» دېگەن يۇرت ھازىرقى سومالىيە. «لىۋىيە»، يەنى «لىبىيا»نىڭ قەدىمكى ئىسمى «كۇش».
10:3 **«ئۇمۇ نو-ئامونمۇ، 8-ئايەتنى كۆرۈڭ ئېلىپ كېتىلىپ، ئەسىرلىككە چۈشكەن؛ بارلىق كوچا بېشىدا بوۋاقلىرى چۈرۈپ تاشلىۋېتىلدى،...»** — مىسىردىكى چوڭ شەھەر «نو-ئامون» ئىنتايىن مۇستەھكەم، ھەتتا ئاسۇرىيە شەھىرىدىن تېخىمۇ «يېڭىلمەس» ئىدى. ئۇ نىل (دېڭىزدەك كەڭ بولغان) دەرياسىنىڭ تۆت ئېقىمى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، 20000 جەڭ ھارۋىسى، 100 دەرۋازىلىق زور ئېگىز سېپىلى بار، تۆت مەملىكەت بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى. شۇڭا ئۇ «يېڭىلمەس بىر شەھەر» دەپ ھېسابلانغان. بىراق ئۇ ئاسۇرىيە پادىشاھى ئاشۇربانىپال تەرىپىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 665-يىلى رەھىمسىزلىك بىلەن بىتچىت قىلىندى.
11:3 **«سەنمۇ مەست بولىسەن؛ سەن مۆكۈنۈۋالىسەن،...»** — «سەن**مۇ** مەست بولىسەن» — تارىختا كۆپ كۈچلۈك شەھەرلەر ئۆزىدە تۇرغۇچىلارنىڭ بىخەستەلىك قىلىشى ۋە ئۆزلىرىدىن

12 سېنىڭ بارلىق ئىستىھكاملىرىڭ خۇددى تۇنجى مېۋىگە كىرگەن ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئەنجۈرلىرىگە ئوخشايدۇ؛
بىرلا سىلكىسە، ئۇلار يېگۈچىنىڭ ئاغزىغا چۈشىدۇ.
13 مانا، خەلقىڭ شەھىرىڭدە قىز-ئاياللاردەك بولۇپ قالدى؛
زېمىنىڭنىڭ قوۋۇقلىرى دۈشمەنلىرىڭگە كەڭ ئېچىلىدۇ؛
ئوت تۆمۈر تاقاقلىرىڭنى يەپ كېتىدۇ.
14 ئەمدى مۇھاسىرىگە تەييارلىق قىلىپ سۇ تارتىپ قوي!
قورغانلىرىڭنى مۇستەھكەملە!
سېغىز تۇپىدىن لاي ئېتىپ،
ھاك لاينى چەيلەپ قوي!
خۇمدانىنى راسلاپ قوي!
15 ئوت سېنى شۇ يەردە يەپ كېتىدۇ؛
قىلىچ سېنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ؛
ئۇ سېنى چېكەتكە لىچىنكىسىدەك يەۋاتىدۇ؛
ئەمدى ئۆزۈڭنى چېكەتكە لىچىنكىلىرىدەك كۆپ قىل،
چېكەتكىدەك ئۆزۈڭنى زور كۆپ قىل!
16 سەن سودىگەرلىرىڭنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىن كۆپ قىلدىڭ؛
مانا، چېكەتكە لىچىنكىسى قانات چىقىرىپ، ئۇچۇپ كېتىدۇ!

مەغرۇرلىنىپ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇشى بىلەن، دۈشمەنلەر بۆسۈپ كىرگەن. نو-ئامونىڭ ئەھۋالمۇ بەلكىم شۇنداق بولغان، نىنەۋەنىڭ ئاقىۋىتى جەزمەن شۇنداق بولىدۇ.

13:3 **«خەلقىڭ شەھىرىڭدە قىز-ئاياللاردەك بولۇپ قالدى»** — بۇ ئىككى بىسلىق گەپ. بىرىنچىدىن نىنەۋە شەھىرىدىكى كۆپ ئەرلەر شۇ دەۋردىكى پادىشاھى ساردونوپولىسقا ئەگىشىپ بەچچىۋاز بولۇپ كەتتى. ساردونوپولىس ئۆزى ئايالچە كىيىنىپ يۈرەتتى. بۇ ئىشلار خۇدا ئالدىدا ئۆزلىرىگە جازا ئېلىپ كېلىدىغان ئېغىر گۇناھ ئىدى. ئىككىنچىدىن، جەڭگە كەلگەندە، ئاسۇرىيە خەلقى قىز-ئاياللاردەك قورقۇپ كېتىپ قاچىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

16:3 **«چېكەتكە لىچىنكىسى قانات چىقىرىپ، ئۇچۇپ كېتىدۇ!»** — «چېكەتكە لىچىنكىسى ... ئۇچۇپ كېتىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى بەلكىم نىنەۋەنىڭ كۆپ سودىگەرلىرى بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭغا ھېچ ياردەم بەرمەي، «بىكار تەلەپ» چېكەتكىدەك قېچىپ كېتىدۇ؛ 17-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

17 سىنىڭ ئەربابلىرىڭ چېكەتكىلەردەك،
سەردارلىرىڭ مىجىر-مىجىر چاقچىقىزلاردەك بولىدۇ؛
مانا ئۇلار سوغۇق كۈندە چىتلار ئىچىگە كىرىۋېلىپ ماكان قىلىدۇ؛
قۇياش چىققاندا، ئۇلار قېچىپ كېتىدۇ،
بارغان يېرىنى تاپقىلى بولمايدۇ.
18 چوپانلىرىڭ مۈگدەپ قالدى، ئى ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى؛
سىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىڭ جىم ياتىدۇ؛
خەلقىڭ تاغلار ئۈستىگە تارقىلىپ كەتتى،
ھېچكىم ئۇلارنى يىغمايدۇ؛
19 سىنىڭ ياراڭ داۋاسىز،
سىنىڭ زەخمىڭ ئېغىردۇر؛
خەۋىرىڭنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈستۈڭدىن چاۋاك چالىدۇ؛
چۈنكى توختاۋسىز رەزىللىكىڭ كىمنىڭ بېشىغا كەلمىگەندۇ؟

17:3 **«سىنىڭ ئەربابلىرىڭ چېكەتكىلەردەك، سەردارلىرىڭ مىجىر-مىجىر چاقچىقىزلاردەك بولىدۇ؛ مانا ئۇلار سوغۇق كۈندە چىتلار ئىچىگە كىرىۋېلىپ ماكان قىلىدۇ»** — چېكەتكىلەر سوغۇق ۋاقىتلاردا «توڭلاپ قېتىپ قالىدۇ»، ھېچ مىدىرلىماس بولۇپ قالىدۇ. ئاسۇرىيەنىڭ ئەسكەرلىرى ئوخشاشلا جەڭگە كىرگەندە ھېچ ھەرىكەت قىلماي، بەلكىم قورقۇنچتىن «قېتىپ قالىدۇ». ئاندىن ئۇلار قېچىپ «ئۇچۇپ كېتىدۇ».
18:3 **«چوپانلىرىڭ مۈگدەپ قالدى، ئى ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى»** — «چوپانلىرىڭ» يەنى «خەلق پادىچىلىرىڭ»، «خەلق باققۇچىلىرىڭ» بەلكىم مەملىكەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغانلارنى، يەنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھېچكىم تارقىلىپ كەتكەن ئاسۇرىيە خەلقىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۇلارنى يىغمايدۇ، باقمايدۇ.
—**«خەلقىڭ تاغلار ئۈستىگە تارقىلىپ كەتتى، ھېچكىم ئۇلارنى يىغمايدۇ...»** — ئاسۇرىيە خەلقى تارقىتىلغاندىن كېيىن ھەرگىز قايتىدىن بىر ئەل-يۇرت بولمىغان.

تەۋرات 35-قىسىم

# «هاباككۇك»

## (هاباككۇك پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### پەيغەمبەر ئۆزى

هاباككۇك پەيغەمبەرنىڭ قايسى جەمەتتىن بولغانلىقى ياكى ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن خەۋىرىمىز يوق. ئۇ كىتابىدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، مەزكۇر بېشارەتنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتى ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىسمى «قۇچاقلاش» دېگەن مەنىدە.

### كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى

ئۇنىڭ كىتابى بويىچە، «بابىل» كەلگۈسىدە مەيدانغا چىقىپ، بۈيۈك بىر ئىمپېرىيە بولىدۇ ۋە بۇ ئىش ئىنتايىن ھەيران قالارلىق دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بۇ بېشارەت شۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى يېزىلغان بولۇشى كېرەك – بولمىسا كىم ئۇنى «بېشارەت» دەپ قارايدۇ؟! شۇنىڭ بىلەن خۇلاسىگە كېلىمىزكى، كىتاب بابىلنىڭ «چوڭ بۆسۈش»ى، يەنى ئۇلارنىڭ ئاسۇرىيە پايتەختى نىنەۋەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 612-يىلى ۋەيران قىلىشتىن ئىلگىرىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا يېزىلغان. ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە: «بۇ ئىش سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلاردا بولىدۇ» دېگىنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بېشارىتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 612-يىلدىن ئاۋۋالقى بىر دەۋر ئىچىدە يېزىلغان بولۇشى كېرەك – دېمەك، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 640-612-يىللىرى ئارىلىقىدا، يوسىيا پادىشاھ يەھۇدانىڭ تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقتىدا يېزىلغان.

## كىتابنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە تېمىسى

ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ كىتابىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بار، بولۇپمۇ ھاباككۇكنىڭ شۇنداق ــ چۈنكى ئۇ ئەلگە ياكى پۈقرالارغا بېشارەتلەر بەرمەي، پەقەت يالغۇز خۇداغا سۆز قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن جاۋاب ئالىدۇ. پۈتۈن كىتاب پەقەت ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىنىڭ خاتىرىسى، خالاس. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويغىنى مەلۇم بىر خەۋەرنى قانداق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىچ-باغرىنى ئازابلىغان سوئاللارنى قانداق ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. خۇدانىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۇ كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن بۇ «سۆھبەتلەر»نى خاتىرىلەيدۇ.

يۇقىرىقى بايقىشىمىز بويىچە، ھاباككۇك يوسىيا پادىشاھ يەھۇدانىڭ تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقىتتا بېشارەتلەرنى بەردى. ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن تارىخى بويىچە يوسىيا بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەڭ ئادىل، ئىللا ۋە ئىخلاسمەن پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان. تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىن بارلىق بۇتپەرەسلىككە ئائىت نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، بارلىق بۇتخانىلارنى ۋە تاپقان بۇتلارنى بۇزغان، بارلىق جادۇگەرلەرنى، پالچىلار ۋە شۇنىڭدەك جىن-شەيتانلارنى ئىزدىگەنلەرنى زېمىندىن قوغلىۋەتكەن ۋە شۇنىڭدەك كۆپ ئىسلاھاتلارنى يولغا قويغاندى. ئۇ ئادالەتنى ئېلىپ بارىدىغان سىياسەتلەرنى ئىزچىل ھالدا يۈرگۈزگەندى. بىراق ھاباككۇكنىڭ دېگەنلىرىدىن كۆرىمىزكى، كۆپ ئەمىر-ۋەزىرلەرنىڭ ئارزۇ-نىيەتلىرى يوسىيا پادىشاھنىڭ ئادالەتنى ياقلاش تەشناللىقى بىلەن بىردەك ئەمەس ئىدى. ھاباككۇكنىڭ دېيىشىچە، ئۇ مەيلى قايسى تەرەپكە قارىمىسۇن، ئۇ شۇ يەردە زۇلۇم-زورلۇق، جازانخورلۇق، بۇلاڭچىلىق ۋە ئاچكۆزلۈكنى كۆردى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەلق راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشنى ئۆتكۈزگەن، بىراق ھەقىقىي «ئىسلاھات» بولمىغان، خەقلەر ھەرخىل ھارام يوللار بىلەن بېيىۋاتاتتى. ھاباككۇك ئادالەت ۋە ھەققانىيلىقنى ناھايىتى ئەتىۋارلايدىغان كىشى بولۇپ، خۇدانىڭ پاك-مۇقەددەسلىكى ۋە ھەققانىيلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ھەر تەرەپتە بولغان رەزىللىكنى كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ «خەلقىم گۇناھلىرىدىن ۋاز كەچسۇن، توۋا قىلسۇن»

دېگەندەك دۆۋىلىرى خۇداغا ئاڭلانمىغاندەك قىلاتتى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، دۇئا-نىدا قىلغانسېرى، ئىشلار تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتكەندى. ئۇ: —

«سەن نېمىشقا ماڭا قەبىھلىكنى كۆرگۈزىسەن،
نېمىشقا جاپا-زۇلۇمغا قاراپ تۇرىسەن؟
چۈنكى بۇلاڭچىلىق ھەم زۇلۇم-زوراۋانلىق يۈز ئالدىمدىدۇر؛
جېدەللەر بار، دەۋالار كۆپىيىمەكتە» — دەپ پەرياد كۆتۈردى

(3:1). ئۇ خۇدانىڭ مېھرىبانلىقىغا ئىشەنگەن، ۋىجدانى سەزگۈر بولغان كۆپ ئادەملەرگە ئوخشاش، خۇدانىڭ مۇشۇنداق رەزىللىكلەرگە يول قويۇشى ئۇنىڭ كاللىسىدىن قەتئىي ئۆتمەيتتى.

ئۇنىڭ خۇداغا بولغان نىداسى بىر جاۋابقا ئېرىشىدۇ — بىراق بۇ ئۇ كۈتكەن ياكى ئۈمىد باغلىغان جاۋاب ئەمەس ئىدى. چۈنكى خۇدا ئۇنىڭغا كالدىيلەرنىڭ نەزەرسىز بىر خەلقتىن ھەيۋەتلىك بىر دۆلەت-ئىمپېرىيە بولۇشقا كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆز ۋەتەنداشلىرىنىڭ رەزىللىكلىرى تۈپەيلىدىن، كالدىيلەرنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن ئىسرائىلنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا، شۇنداقلا خۇدانىڭ جازالىشىنى ئىجرا قىلىشقا كېلىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ (هاباككۇك: «خۇدانىڭ سۆزىنى كۆردۈم» دەيدۇ. ھەممىسى بەلكىم ئۇنىڭغا «غايىبانە ئالامەت» ياكى «ئالامەت كۆرۈنۈش» شەكلىدە كۆرۈنگەن).

خۇدانىڭ بۇ جاۋابى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى تېخىمۇ ئېغىر قىلىۋەتتى. چۈنكى كالدىيلەر (ئالامەت كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگىنى بويىچە) رەھىمسىز، بۇتپەرەس، ئېتىقادسىز دەرىجىدە باغرى تاش ۋە ئادەمخور تويماس بىر خەلق ئىدى. ئۇلار ئۇرۇش قىلىشتىن، باشقا ئەللەرنى بەربات قىلىشتىن، ئەسىرلەرنى خارلاشتىن ھۇزۇر ئالىدىغان خەلقتۇر. ھەممىدىن يامىنى شۇكى، ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن كەلگەن دەپ، ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى بىر «ئىلاھ»قا ئايلاندۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياسىغان بىر «ئىلاھ»ى بولغاندىن كېيىن، بۇ «ئىلاھ» ئۇلارغا چۈشۈرگەن ئەمرلەر ۋە كۆرسەتمىلەر دەرۋەقە ئۇلارنىڭ شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە ئىنتايىن ماس كېلەتتى! كالدىيلەرنىڭ رەزىللىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالدىدا هاباككۇكنىڭ رەزىل خەلقىمۇ «ئادىل» كۆرۈنگەن ئەمەسمىدى؟

هاباككۇك ئۆز خەلقىمدە ئادالەت يوق، دەپ دەرد ئېيتىدۇ؛ بىراق خۇدا ئۆزى كالدىيەر توغرۇلۇق: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىگىنىنى ھېساب قىلىدۇ» دەيدۇ (7:1). دېمەك، ئۇلار نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى بېكىتىدۇ، ئۇلار خۇدادىن ھېچ قورقماي، نېمە خالىسام شۇنداق قىلىمەن دەيدىغانلار. خۇدا قانداقمۇ مۇشۇنداق بىر يات ئەلنى ئۆز خەلقىنى جازالاشقا ئىشلەتسۇن؟ كالدىيەر ئىسرائىلنى پارە-پارە قىلىۋەتسە، تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ، «بىزنىڭ ئىلاھىمىز پەرۋەردىگاردىن كۈچلۈك!» دەپ، ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا تېخىمۇ كۇپۇرلۇق قىلىدىغان بولمامدۇ؟ كالدىيەر «خۇدانىڭ خەلقىنى» بىتچىت قىلسا، ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك، تەكەببۇر كۆز-قارىشىنى ھەرقايسى ئەل-مىللەتلەر ئالدىدا تېخىمۇ تەستىقلىغان بولمامدۇ؟

«سېنىڭ كۆزۈڭ شۇنچە غۇبارسىز ئىدىكى،
رەزىللىككە قاراپ تۇرمايتتىڭ؛
ئەمدى نېمىشقا سەن مۇناپىقلىق قىلغانلارغا قاراپ تۇرىسەن،
رەزىللەر ئۆزىدىن ئادىل بولغان كىشىنى يۇتۇۋالغىنىدا، نېمىشقا سۈكۈت قىلىسەن؟» (13:1).

بۇ سۆز كىتابنىڭ بۆيۈك سوئالىدۇر. داد-پەريادى بار كۆپ كىشىلەر دادلىرىنى تۆككەندىن كېيىن، خۇدادىن ھېچقانداق جاۋاب كۈتمەيدۇ. بىراق ھاباككۇك دەردلىرىنى تۆككەندىن كېيىن خۇدانىڭ جاۋابىنى سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتۈشكە بەل باغلىدى. ئۇ خۇداغا قاراپ كۈتتۇدى، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب كەلدى. جاۋاب ئۈچ تەرەپلىك بولۇپ، كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. جاۋاب بىزگە ھاياتىمىزدا باشنى قاتۇرىدىغان، ھەتتا ھاياتىمىزنى پاراكەندە قىلىدىغان مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشىمىز ئۈچۈن ياردەم بېرىدىغان، ئىنساننى يورۇتىدىغان ئۆلمەس ھەقىقەتلەرنى تەمىنلەيدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى: «ھەققانىي ئادەم ئۆز ئېتىقاد-سادىقلىقى بىلەن ھايات ياشايدۇ».

بۇ ئىشلار ۋە بەزى ئايەتلەر ئۈستىدە، جۈملىدىن بابىللىقلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تارىخىي تەپسىلاتلىرى ئۈستىدىمۇ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز يەنە توختىلىمىز.

تەرجىمىمىزدە بىز تەۋراتشۇناسلارنىڭ تەتقىقلىرىدىن، بولۇپمۇ يەھۇدىي ئالىم دوكتور ئارنولد فرۇختېنبائۇم، ئامېرىكىلىق ئالىم پروفېسسور داۋۇت بەيكەر ۋە ئەنگلىيىلىك ئالىم داۋۇت پرىئورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندۇق.

## مەزمۇن: ـ

1ـباب، 1ـ4 ئايەت: ـ هاباككۇكنىڭ داد-پەريادلىرى

1ـباب، 5ـ11 ئايەت: ـ خۇدانىڭ جاۋابى – «بابىللىق تاجاۋۇزلۇقى»

1ـباب، 12ـئايەتتىن 2ـباب 1ـئايەتكىچە ـ هاباككۇكنىڭ ئىككىنچى داد-پەريادى ھەم قارارى

2ـباب، 2ـ20 ئايەت: ـ خۇدانىڭ ئىككىنچى جاۋابى – «بابىلنىڭ نابۇت بولغانلىقى»

3ـباب – (كۈي شەكلىدە) هاباككۇكنىڭ دۇئاسى ۋە ئاخىرقى زامانلار توغرۇلۇق بېشارىتى.

# هاباككۇك

1 [1] هاباككۇك پەيغەمبەر كۆرگەن، ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ۋەھيي: ــ

## هاباككۇكنىڭ داد-پەريادلىرى

[2] ئاھ پەرۋەردىگار، قاچانغىچە مەن ساڭا نىدا قىلىمەن، سەن
ئاڭلىمايسەن؟
مەن ساڭا: «زۇلۇم-زوراۋانلىق!» دەپ نالە-پەرياد كۆتۈرىمەن،
بىراق سەن قۇتقۇزمايسەن.
[3] سەن نېمىشقا ماڭا قەبىھلىكنى كۆرگۈزىسەن،
نېمىشقا جاپا-زۇلۇمغا قاراپ تۇرىسەن؟
چۈنكى بۇلاڭچىلىق، زۇلۇم-زوراۋانلىق كۆز ئالدىمدىدۇر؛
جېدەل-جىدەللەر بار،
دەۋالار كۆپىيىمەكتە.
[4] شۇڭا قانۇن پالەچ بولۇپ قالدى،
ئادالەت مەيدانغا ھېچ چىقمايدۇ؛
چۈنكى رەزىللەر ھەققانىي ئادەمنى قىستىماقتا؛
شۇڭا ھۆكۈملەر بۇرمىلىنىپ چىقىرىلىدۇ.

## خۇدانىڭ جاۋابى

[5] «ئەللەر ئارىسىدا بولىدىغان بىر ئىشنى كۆرۈپ بېقىڭلار، ئوبدان
قاراڭلار، ھەيرانۇھەس قېلىڭلار!
چۈنكى سىلەرنىڭ دەۋرىڭلاردا بىر ئىش قىلىمەنكى،
بىرسى سىلەرگە بايان قىلغان تەقدىردىمۇ سىلەر ئىشەنمەيتتىڭلار.
[6] چۈنكى مانا، مەن ھېلىقى مىجەزى ئوسال ھەم ئالدىراقسان ئەل

5:1 روس. 41:13

كالدىيلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزىمەن؛
ئەسلى ئۆزىگە تەۋە ئەمەس ماكانلارنى ئىگىلەش ئۈچۈن،
ئۇلار يەر يۈزىنىڭ كەڭرى جايلىرىنى بېسىپ ماڭىدۇ؛
[7] ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىنى ھېساب قىلىدۇ ھەم ئۆزىنى خالىغانچە يۇقىرى تۇتىدۇ؛
[8] ئۇلارنىڭ ئاتلىرى يىلپىزلاردىن ئىتتىك،
كەچتە ئوۋغا چىققىدىغان بۆرىلەردىن ئەشەددىيدۇر؛
ئاتلىق لەشكەرلەر ئاتلىرىنى مەغرۇرانە چاپچىتىدۇ؛
ئاتلىق لەشكەرلەر يىراقتىن كېلىدۇ،
ئۇلار ئوۋغا شۇڭغۇغان بۈركۈتتەك ئۇچۇپ يۈرىدۇ.
[9] ئۇلارنىڭ ھەممىسى زۇلۇم-زورلاۋانلىققا كېلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ توپ-توپ ئادەملىرى يۈزلىرىنى ئالدىغا بېكىتىپ، ئالغا باسىدۇ،
ئەسىرلەرنى قۇمدەك كۆپ يىغىدۇ.
[10] بەرھەق، ئۇ پادىشاھلارنى مازاق قىلىدۇ،
ئەمىرلەرنىمۇ نەزىرىگە ئالمايدۇ؛
ئۇ ھەممە ئىستىھكاملارنى مەسخىرە قىلىدۇ،

---

6:1 **«مەن ھېلىقى مجەزى ئوسال ھەم ئالدىراقسان ئەل كالدىيلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزىمەن،... ئۇلار يەر يۈزىنىڭ كەڭرى جايلىرىنى بېسىپ ماڭىدۇ»** ــ كالدىيلەر پەقەت 20 يىل ئىچىدىلا نەزەرىسىز بىر ئەلدىن، بابىل شەھىرىنى (كېيىن كالدىيلەر «بابىللىقلار» دەپ ئاتالغان)، نىنەۋە شەھىرىنى ۋە مىسىرنى ئىشغال قىلغان قورقۇنچلۇق بىر ئىمپېرىيەگە ئايلاندى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 615-595-يىللار). «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.
7:1 **«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىنى ھېساب قىلىدۇ ھەم ئۆزىنى خالىغانچە يۇقىرى تۇتىدۇ»** ــ ئىبرانيي تىلىدىكى تېكىستتىن مۇشۇ ئايەتنى چۈشىنىش سەل تەس. ئەسلى جۈملىنى سۆزمۇسۆز ئالساق «ئۇلاردىن چىققان ھۆكۈم ۋە ھەيۋە ئۆزلىكىدىندۇر» ــ يەنى خۇدادىن ئەمەس دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار خۇدادىن ھېچ قورقماي، نېمىنى خالىسام شۇنداق قىلىمەن، دەيدىغانلار
9:1 **«ئۇلارنىڭ توپ-توپ ئادەملىرى يۈزلىرىنى ئالدىغا بېكىتىپ، ئالغا باسىدۇ،... »** ــ ياكى «ئۇلارنىڭ توپ-توپ ئادەملىرى «شەرق شامىلى»دەك ئالغا باسىدۇ،...». بۇ جۈملىنىڭ يەنە بىرنەچچە تەرجىمىلىرى بار.

چۈنكى ئۇ توپا-تۇپراقلارنى دۆۋە-دۆۋە قىلىپ، ئۇلارنى ئىشغال قىلىدۇ.
[11] شۇنداق قىلىپ ئۇ شامالدەك غۇيۇلداپ ئۆتىدۇ،
ھەددىدىن ئېشىپ گۇناھكار بولىدۇ؛
ئۇنىڭ بۇ كۈچ-قۇدرىتى ئۆزىگە ئىلاھ بولۇپ سانىلىدۇ.

## پەيغەمبەرنىڭ خۇداغا بولغان جاۋابى

[12] سەن ئەزەلدىن بار بولغۇچى ئەمەسمۇ، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم،
مېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىم؟
بىز ئۆلمەيمىز، ئى پەرۋەردىگار؛
سەن ئۇنى جازايىڭنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېكىتكەنسەن؛
سەن، ئى قورام تاش بولغۇچى، ئۇنى بىزگە ئىبرەت قىلىپ تۇزىتىشكە
بەلگىلىگەنسەن.
[13] سېنىڭ كۆزۈڭ شۇنچە غۇبارسىز ئىدىكى،
رەزىللىككە قاراپ تۇرمايتتىڭ؛
ئەمدى نېمىشقا سەن مۇناپىقلىق قىلغانلارغا قاراپ تۇرىسەن،
رەزىللەر ئۆزىدىن ئادىل بولغان كىشىنى يۇتۇۋالغىنىدا، نېمىشقا
سۈكۈت قىلىسەن؟
[14] سەن ئادەملەرنى خۇددى دېڭىزدىكى بېلىقلاردەك،
خۇددى ئۆزلىرى ئۈستىدە ھېچ يېتەكلىگۈچىسى يوق ئۆملىگۈچى

10:1 «ئۇ ھەممە ئىستىھكاملارنى مەسخىرە قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ توپا-تۇپراقلارنى دۆۋە-دۆۋە قىلىپ، ئۇلارنى ئىشغال قىلىدۇ» — دېمەك، ئۇلار سېپىلنىڭ يېنىغا چوڭ بىر دۆڭ ياساپ سېپىلدىن ئارتىلىپ بۇسۇپ كىرىدۇ. بابىللىقلارنىڭ ئەمگەك كۈچى كۆپ بولغاچقا، مۇشۇ ئادەتنى ئۇسۇلنى كۆپ قوللانغان.
11:1 «شۇنداق قىلىپ ئۇ شامالدەك غۇيۇلداپ ئۆتىدۇ، ھەددىدىن ئېشىپ گۇناھكار بولىدۇ» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇنداق قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ روھى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؛ ئۇ شۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ، گۇناھكار بولىدۇ».
12:1 «سەن ئۇنى جازايىڭنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېكىتكەنسەن» — ياكى «ئۇنى جازايىڭغا ئۇچراشقا بېكىتكەنسەن».

ھايۋانلارغا ئوخشاش قىلىسەن؛
[15] شۇ كالدىي كىشى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاڭگىكىغا ئىلىندۇرىدۇ،
ئۇلارنى ئۆز تورى بىلەن تۇتۇۋالىدۇ،
ئۇلارنى يىغما تورىغا يىغىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن خۇشال بولۇپ شادلىنىدۇ؛
[16] ۋە تورىغا قۇربانلىق سۇنىدۇ،
يىغما تورىغا ئىسرىق سالىدۇ،
چۈنكى شۇلار ئارقىلىق ئۇنىڭ نېسىۋىسى مول،
نېمەتلىرى لەززەتلىك بولىدى.
[17] ئەمدى ئۇ شۇ تەرىقىدە تورىنى توختاۋسىز بوشىتىۋەرسە،
شۇ تەرىقىدە ئەللەرنى ھېچ رەھىم قىلماي قىرىۋەرسە بولامدۇ؟

## ھاباككۇكنىڭ قارارى

2 [1] «ئەمدى مەن ئۆز كۆزىتىمدە تۇرۇۋېرىمەن،
ئۆزۈمنى مۇنار ئۈستىدە دەس تىكلەيمەن،
ئۇنىڭ ماڭا نېمە دەيدىغانلىقىنى،
شۇنىڭدەك ئۆزۈم بۇ داد-پەريادىم توغرۇلۇق قانداق تىگىشلىك جاۋاب

14:1 «سەن ئادەملەرنى خۇددى دېڭىزدىكى بېلىقلاردەك، خۇددى ئۆزلىرى ئۈستىدە ھېچ يېتەكلىگۈچىسى يوق ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارغا ئوخشاش قىلىسەن» — ئەسلىدە خۇدا ئىنساننى ياراتقاندا، ئىنسان توغرۇلۇق «ئۇلار دېڭىزدىكى بېلىقلار... ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى... باشقۇرسۇن» دېگەنىدى. ھازىر خۇدا زالىملارنىڭ ئىنسانلارنى بېلىقلارنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈشىگە يول قويۇۋاتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟
15:1 «شۇ كالدىي كىشى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاڭگىكىغا ئىلىندۇرىدۇ» — ئاسۇرىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئەسىرلەرنى كالپۇكلىرىدىن ئىلمەك (ياكى چاڭگاك) ئۆتكۈزۈپ، يېتىلەپ ماڭىدىغان رەھىمسىز ئادىتى بار ئىدى؛ كېيىنكى ئىمپېرىيە (بابىل)نىڭ پادىشاھلىرى بەلكىم ئوخشاش ئادەتتە بولغان بولسا كېرەك.

تېپىشىم كېرەكلىكىنى بىلىشنى كۈتۈپ تۇرىمەن».

2 ھەم پەرۋەردىگار جاۋابەن ماڭا مۇنداق دېدى: ــ
«ئوقۇغانلار يۈگۈرسۇن ئۈچۈن،
بۇ كۆرۈنگەن ئالامەتنى يېزىۋال؛
ئۇنى تاختايلار ئۈستىگە ئېنىق ئويۇپ چىق؛
3 چۈنكى بۇ كۆرۈنگەن ئالامەت كەلگۈسىدىكى بېكىتىلگەن بىر ۋاقىت
ئۈچۈن،
ئۇ ئادەملەرگە ئاخىرەتنى تەلپۈندۈرىدۇ،
ئۇ يالغان گەپ قىلمايدۇ؛
ئۇزۇنغىچە كەلمەي قالسىمۇ، ئۇنى كۈتكىن؛
چۈنكى ئۇ جەزمەن يېتىپ كېلىدۇ، ھېچ كېچىكمەيدۇ.

---

1:2 **«... قانداق تېگىشلىك جاۋاب تېپىشىم كېرەكلىكىنى بىلىشنى...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «قانداق تېگىشلىك جاۋاب كۆرۈشنى...». **«ئۇنىڭ ماڭا نېمە دەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۆزۈمنىڭ بۇ داد-پەريادىم توغرۇلۇق قانداق تېگىشلىك جاۋاب تېپىشىم كېرەكلىكىنى بىلىشنى كۈتۈپ تۇرىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ ماڭا نېمىنى ئېيتىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ ماڭا بېرىدىغان تەنبىھكە نېمە جاۋاب بېرىشىم كېرەكلىكىنى بىلىشنى كۈتىمەن». ھېچ بولمىغاندا، ئۇ خۇدانىڭ تەنبىھىنى كۈتىدۇ.
—ھاباككۇك پەيغەمبەر كۆڭلىدە: «مېنىڭ ئەسلىدىكى داد-پەريادىمدا بەلكىم خاتالىق يېرى بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ، بار بولسا ئۇ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭچە «جاۋاب» بولسا (1) داد-پەريادىدىكى (بار بولسا) خاتالىقىغا بولغان جاۋابكارلىقىنى، (2) كېيىن ئۇنىڭ ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە ياكى ئۆزىگە ئەگەشكەن ئادەملەرگە بېرىشكە تېگىشلىك جاۋابىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بۇلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۈتۈۋاتىدۇ.
—ھاباككۇك پەيغەمبەرنىڭ خۇداغا بولغان «جاۋابى» 3-بابتا تېپىلىدۇ.

**1:2** يەش. 8:21

2:2 **«ئوقۇغانلار يۈگۈرسۇن ئۈچۈن، بۇ كۆرۈنگەن ئالامەتنى يېزىۋال...»** ــ ئىككى مەنىسى بولۇشى مۇمكىن: ــ (1) ئوقۇغان كىشى كېيىن بۇ خەۋەرنى باشقىلارغا يۈگۈرۈپ يەتكۈزسۇن؛ (2) ئوقۇغان كىشى ھەرتۈرلۈك قىيىنچىلىق ئاستىدىمۇ مېنىڭ يولۇمدا يۈگۈرسۇن (مەسىلەن، «زەب.» 32:119، «يەش.» 40:30-31، «گال.» 5:7نى كۆرۈڭ). بىز ئىككىنچى مەنىگە مايىلمىز.

**2:2** يەش. 8:30

3:2 **«بۇ كۆرۈنگەن ئالامەت كەلگۈسىدىكى بېكىتىلگەن بىر ۋاقىت ئۈچۈن...»** ــ

4 قارا، تەكەببۇرلىشىپ كەتكۈچىنى!
ئۇنىڭ قەلبى ئۆز ئىچىدە تۈز ئەمەس؛
بىراق ھەققانىي ئادەم ئۆز ئېتىقاد-سادىقلىقى بىلەن ھايات ياشايدۇ.
5 بەرھەق، شاراب ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلىدۇ، —
ئۇ تەكەببۇر ئادەم، ئۆيدە تىنىم تاپمايدۇ،
ھەۋىسىنى تەھتىسارادەك يوغان قىلىدۇ؛
ئۇ ئۆلۈمدەك ھېچقاچان قانمايدۇ؛
ئۆزىگە بارلىق ئەللەرنى يىغىدۇ،
ھەممە خەلقنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ.
6 بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن ئۇ توغرۇلۇق تەمسىلنى سۆزلەپ،
كىنايىلىك بىر تېپىشماقنى تىلغا ئالىدۇ: —
«ئۆزىنىڭ ئەمەسنى مېنىڭ دەپ قوشۇۋالغۇچىغا ۋاي!
(بۇنداق ئىشلار قاچانغىچە بولىدۇ؟!)
گۆرۈگە قويغان نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنى چىگدىغۇچىغا ۋاي!»

---

«بېكىتىلگەن» — دېمەك، ھېچكىم (ھەتتا دۇئا ئارقىلىقمۇ) ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. **«ئۇ ئادەملەرگە ئاخىرەتنى تەلپۈندۈرىدۇ»** — سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى: «ئۇ ئاخىرەتكە قاراپ ھاسىراپ نەپەس ئالىدۇ» (پىكرىمىزچە بۇ ئىبارە چوڭقۇر تەشنالىقنى بىلدۈرىدۇ). پات يېقىنىدا يەنە بىر تەرجىمىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئىسپاتلىنىدۇ: «ئۇ ئاخىرەت توغرۇلۇق گۇۋاھ بېرىدۇ».
4:2 **«قارا، تەكەببۇرلىشىپ كەتكۈچىنى! ئۇنىڭ قەلبى ئۆز ئىچىدە تۈز ئەمەس»** — ھەرقانداق تەكەببۇر ئادەم دۇرۇس، تۈز بولالمايدۇ. **«بىراق ھەققانىي ئادەم ئېتىقاد-سادىقلىقى بىلەن ھايات ياشايدۇ»** — بۇ سۆز خۇدانىڭ جاۋابىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق جۈملىسى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.
**4:2** رىم. 1:17؛ گال. 3:11؛ ئىبر. 10:38
5:2 **«بەرھەق، شاراب ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلىدۇ»** — بابىللىقلار ئاخىر بېرىپ مەيخورلۇقتىن پارس ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن نابۇت بولدى. تەۋرات، «دانىيال پەيغەمبەر» 5-باب ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«...ھەۋىسىنى تەھتىسارادەك يوغان قىلىدۇ»** — «تەھتىسارا» ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان جاي. بابىللىقلار ھەر يىلى تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى تۈزەيتتى. ئاخىر بېرىپ بۇ تاجاۋۇزچىلىقى ئۆزىنىڭ مۇداپىئەسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، پارس ئىمپېرىيەسى ئۇلارنى نابۇت قىلدى. **«ئۇ ئۆلۈمدەك ھېچقاچان قانمايدۇ»** — «ئۆلۈم» ھەردائىم ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ھەرگىز «بولدى» دېمەيدۇ.
6:2 **«گۆرۈگە قويغان نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنى چىگدىغۇچىغا ۋاي!»** — «گۆرۈگە قويغان

**7 سەندىن جازانە-قەرز ئالغۇچىلار بىراقلا قوزغالمامدۇ؟**
**سېنى تىترەتكۈچىلەر بىراقلا ئويغانمامدۇ؟**
**ئاندىن سەن ئۇلارغا ئولجا بولماسەن؟**
**8 سەن نۇرغۇن ئەللەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن،**
**ھەم كىشىلەرنىڭ قانلىرى، زېمىن، شەھەر ھەم ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان ھەممەيلەنگە قىلغان زۇلۇم-زوراۋانلىقىڭ تۈپەيلىدىن،**
**ساقلىنىپ قالغان ئەللەر سېنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ؛**
**9 ھالاكەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،**
**ئۇۋامنى يۇقىرىغا سالاي دەپ،**
**نەپسى يوغىناپ ئۆز جەمەتىگە ھارام مەنپەئەت يىغقۇچىغا ۋاي!**
**10 نۇرغۇن خەلقلەرنى ۋەيران قىلىپ،**
**ئۆز جەمەتىڭگە ئاھانەت كەلتۈردۈڭ،**
**ئۆز جېنىڭغا قارشى گۇناھ سادىر قىلدىڭ.**
**11 چۈنكى تامدىن تاش نىدا قىلىدۇ،**
**ياغاچلاردىن لىم جاۋاب بېرىدۇ: —**
**12 يۇرتنى قان بىلەن،**
**شەھەرنى قەبىھلىك بىلەن قۇرغۇچىغا ۋاي!»**
**13 مانا، خەلقلەرنىڭ جان تىكىپ تاپقان مېھنىتىنىڭ پەقەت ئوتقا**

نەرسلەر» دېگەن ئىبارە ئىككى بىسلىق بولۇپ، باشقا بىر مەنىسى «بىر دۆۋە توپا» — دېمەك، ئۇلار مۇشۇ ھارام نەرسلەر بىلەن ئۆزلىرىنى بۇلغىغاندى.
—بابىل ئىمپېرىيەسى ئاياغ ئاستى قىلغان ئەللەر ھاباككۇكنىڭ بابىل توغرىسىدىكى بېشارەتلىرىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ ئايەتتىكى كىنايىلىك سۆزلەرنى دېگەن بولۇشى مۇمكىن. سۆزلەر «مەرسىيە» (ماتەم تۇتۇش مۇناجىتى) شەكلىدە ئېيتىلىدۇ.
7:2 **«سەندىن جازانە-قەرز ئالغۇچىلار بىراقلا قوزغالمامدۇ؟»** — «سەندىن جازانە-قەرز ئالغۇچىلار» دېگەن سۆز ئىككى بىسلىق بولۇپ، يەنە بىر مەنىسى: «(يىلاندەك) سېنى چاققۇچىلار»
8:2 **«... كىشىلەرنىڭ قانلىرى، زېمىن، شەھەر ھەم ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان ھەممەيلەنگە قىلغان زۇلۇم-زوراۋانلىقىڭ تۈپەيلىدىن،...»** — «... زېمىن، شەھەر... » — بۇ ئىسىملەر بىرلىك شەكلىدە (كۆپلۈك شەكلىدە ئەمەس) ئىپادىلەنگىنى ھەم ئۇ زېمىن، شەھەرنىڭ نامى ئېيتىلمىغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىبارە ئىسرائىل زېمىنى (پەلەستىن) ھەم يېرۇسالېمنى كۆرسەتسە كېرەك.

يېقىلغۇ قىلىنغانلىقى،
ئەل-يۇرتلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىھۇدە ھالسىراتقانلىقى،
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگاردىن ئەمەسمۇ؟
14 چۈنكى خۇددى سۇلار دېڭىزنى قاپلىغاندەك،
پۈتۈن يەر يۈزى پەرۋەردىگارنى بىلىپ-تونۇش بىلەن قاپلىنىدۇ.
15 ئۆز يېقىنىڭغا ھاراقنى ئىچكۈزگۈچىگە —
ئۇنىڭ ئۇيات يېرىگە قارىشىڭ ئۈچۈن،
تولۇمۇڭدىن قۇيۇپ، ئۇنى مەست قىلغۇچى ساڭا ۋاي!
16 شان-شەرەپنىڭ ئورنىدا شەرمەندىچىلىككە تولىسەن؛
ئۆزۈڭمۇ ئىچ،
خەتنىلىكىڭ ئايان بولسۇن!
پەرۋەردىگارنىڭ ئوڭ قولىدىكى قەدەھ سەن تەرەپكە بۇرۇلىدۇ،
شان-شەرىپىڭنىڭ ئۈستىنى رەسۋايىپەسلىك باسىدۇ.

---

14:2 **«چۈنكى خۇددى سۇلار دېڭىزنى قاپلىغاندەك، پۈتۈن يەر يۈزى پەرۋەردىگارنى بىلىپ-تونۇش بىلەن قاپلىنىدۇ»** — بۇ بايانىڭ ئۆزى ھاباككۇكنىڭ داد-پەريادىغا بولغان چوڭ بىر جاۋابتۇر. جاھاندىكى ئادالەتسىزلىكلەر شۇنچە كۆپ بولغىنىنى بىلەن، ھېچ بولمىغاندا ئاخىر بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەربىرى يوقىتىلىدۇ.
—باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرى بويىچە، بابىل شەھىرى توغرۇلۇق ئىشىنىمىزكى، ئۇ ئاخىرى زاماندا قايتا قۇرۇلىدۇ. ئەمدى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دە، بۇ ئايەتتە دېيىلگەندەك «پۈتۈن يەر يۈزى پەرۋەردىگارنى بىلىپ-تونۇش بىلەن قاپلىنىدۇ» ۋە شۇڭلاشقا بابىل قايتا كۆرۈنمەسكە يوقىتىلىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.
**14:2** چۆل. 21:14؛ يەش. 3:6، 9:11؛ چۆل. 21:14؛ زەب. 8:1، 9؛ زەب. 19:72
15:2 **«ئۆز يېقىنىڭغا ھاراقنى ئىچكۈزگۈچىگە — ئۇنىڭ ئۇيات يېرىگە قارىشىڭ ئۈچۈن، تولۇمۇڭدىن قۇيۇپ، ئۇنى مەست قىلغۇچى ساڭا ۋاي!»** — ھاراقكەشلەر ھەردائىم باشقىلارنى ھاراقكەشلەرگە ئايلاندۇرماقچى بولىدۇ. بىراق بابىلنىڭ «باشقىلارغا ھاراق ئىچكۈزۈش» مەقسىتى ئۇلارغا ئېزىتقۇلۇق قىلىپ، ئۆزىگە ئوخشاش بەچچىۋازلىق گۇناھىغا كىرگۈزۈپ، ئاندىن ئۇلارنى ئاسانلا كونترول قىلىشتىن ئىبارەت.
16:2 **«ئۆزۈڭمۇ ئىچ، *خەتنىلىكىڭ ئايان بولسۇن!»** — «خەتنىلىكىڭ ئايان بولسۇن!» دېگەن ئىبارە ئادەمنىڭ قاتتىق خىجالىتىنى كۆرسەتكىنىدىن باشقا، «سەن خۇدانىڭ ئەھدىسىگە ۋە سۆزىگە يات ئادەمسەن» دېگەن مەنىنىمۇ پۈرىتىپ بېرىدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۆزۈڭمۇ (ھاراق) ئىچ، پۇلاڭلاپ يىقىل!».

17 لىۋانغا قىلغان زۇلۇم-زوراۋانلىق،
شۇنداقلا هايۋانلارنى قورقۇتۇپ ئۇلارغا يەتكۈزگەن ۋەيرانچىلىقمۇ،
كىشىلەرنىڭ قانلىرى، زېمىن، شەھەر ھەم ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان
ھەممەيلەنگە قىلغان زۇلۇم-زوراۋانلىق تۈپەيلىدىن،
بۇلار سېنىڭ مىجىقىڭنى چىقىرىدۇ.
18 ئويما مەبۇدنىڭ نېمە پايدىسى،
ئۇنى ئۇنىڭ ياسىغۇچىسى ئويۇپ چىققان تۇرسا؟
قۇيما مەبۇدنىڭمۇ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ساختا تەلىم بەرگۈچىنىڭ نېمە
پايدىسى ــ
چۈنكى ئۇنى ياسىغۇچى ئۆز ياسىغىنىغا تايىنىدۇ،
دېمەك، زۇۋانسىز «يوق بولغان نەرسىلەر»نى ياسايدۇ؟
19 ياغاچقا «ئويغان!» دېگەن ئادەمگە،
زۇۋانسىز تاشقا «تۇرە!» دېگەنگە ۋاي!
ئۇ ۋەز ئېيتامدۇ؟
مانا، ئۇ ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ھەللەندى،
ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچ نەپەس يوقتۇر.

---

17:2 **«لىۋانغا قىلغان زۇلۇم-زوراۋانلىق، شۇنداقلا هايۋانلارنى قورقۇتۇپ ئۇلارغا يەتكۈزگەن ۋەيرانچىلىقمۇ،...»** ــ «لىۋان» رايونى گۈزەل ئورمانلىرى ھەم كۆپلىگەن ھەرخىل ياۋايى هايۋانلىرى بىلەن داڭقى چىققان. بابىل ئىمپېرىيەسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلىدىكى (سۈرىيەدە يۈز بەرگەن) «كارشېمىش جېڭى»دىن كېيىن، (1) لىۋاندىكىلەرگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ ئېغىر زۇلۇم يەتكۈزگەن. (2) ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار قىلماقچى بولغان جەڭلەرنى داۋام قىلىشى ئۈچۈن ھەمدە ئۆز شەھەرلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن لىۋاندىن كۆپ دەل-دەرەخلەرنى كېسىپ ئېپكەتتى. (3) ئۇلار يەنە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا كۆپ ياۋايى هايۋانلارنى رەھىمسىز ئۇسۇللار بىلەن ئوۋلىدى. مەزكۇر ئايەتتىكى بۇ سۆز بۇ ئۈچ ئىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. 2- ۋە 3-ئىشتىن روشەنكى، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي مۇھىتنى ئوبدان ئاسراشقا خۇدا ئالدىدا جاۋابكارلىقى بار. **«كىشىلەرنىڭ قانلىرى، زېمىن، شەھەر ھەم ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقان ھەممەيلەنگە قىلغان زۇلۇم-زوراۋانلىق تۈپەيلىدىن،...»** ــ «...زېمىن، شەھەر،... تۇرۇۋاتقانلار» ــ 8-ئايەتتىكى ئىبارىگە ئوخشاش، ئىسرائىل زېمىنى (قانائان)نى ھەم يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ.

19:2 **«ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچ نەپەس يوقتۇر»** ــ ياكى «ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچ روھ يوقتۇر». **«ياغاچقا «ئويغان!» دېگەن ئادەمگە، زۇۋانسىز تاشقا «تۇرە!» دېگەنگە ۋاي!**

[20] بىراق پەرۋەردىگار ئۆز مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدىدۇر!
پۈتكۈل يەر يۈزى ئۇنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلسۇن!.

## هاباككۇكنىڭ دۇئاسى

3 [1] هاباككۇك پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى،
«شىگگائون» ئاھاڭىدا: ــ
[2] «پەرۋەردىگار، مەن خەۋىرىڭنى ئاڭلىدىم، ئەيمىنىپ قورقتۇم.
ئى پەرۋەردىگار، يىللار ئارىسىدا ئىشىڭنى قايتىدىن جانلاندۇرغايسەن،
يىللار ئارىسىدا ئىشىڭنى تونۇتقايسەن؛
دەرغەزەپتە بولغىنىڭدا رەھىمدىللىقنى ئېسىڭگە كەلتۈرگەيسەن!
[3] تەڭرى تېماندىن،
پاك-مۇقەددەس بولغۇچى پاران تېغىدىن كەلدى؛
سېلاھ!
ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئاسمانلارنى قاپلىدى،

---

**... ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچ نەپەس يوقتۇر»** ــ بۇ ئىككى ئايەت (18-، 19-) بابىلىقلارنىڭ رەزىللىكىنىڭ بۈتپەرەسلىك بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 1:7دە كۆرسىتىلگەندەك، ئۆز «خۇدالىرى»نى ئۆزى ياسىغاندىن كېيىن، ئۇلار تىرىك خۇدادىن ھېچ قورقماي، ئۆزىگە قولايلىق «ئەخلاق-پەزىلەت» مىزانلىرىنى خالىغانچە بېكىتىدۇ.

20:2 **«بىراق پەرۋەردىگار ئۆز مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدىدۇر!»** ــ مۇشۇ يەردە پەيغەمبەر بەلكىم خۇدانىڭ ئاسماندىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ («زەب.» 5:7، 4:11نىمۇ كۆرۈڭ).

1:3 **««شىگگائون» ئاھاڭىدا: ــ»** ــ «شىگگائون» بەلكىم «دولقۇنلۇق»، «ئوتلۇق»، «ئاشىقلىق بىلەن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆز كۈينىڭ ئېيتىلىدىغان ئاھاڭىنى بىلدۈرىدۇ.

2:3 **«پەرۋەردىگار، مەن خەۋىرىڭنى ئاڭلىدىم،...»** ــ ياكى «پەرۋەردىگار، مەن سەندىن خەۋەرنى ئاڭلىدىم،...». **«... يىللار ئارىسىدا ئىشىڭنى تونۇتقايسەن، دەرغەزەپتە بولغىنىڭدا رەھىمدىللىقنى ئېسىڭگە كەلتۈرگەيسەن!»** ــ «يىللار ئارىسىدا» توغرۇلۇق: ــ هاباككۇك خۇدا ئاخىرقى زاماندا ئۆز ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىپ ئىسرائىلنى گۇناھتىن قۇتقۇزىدۇ، دەپ بىلدى. بىراق ھازىر «ئاخىرقى زامان» ئەمەس؛ ئەمدى ھازىر، «يىللار ئارىسىدا»مۇ خۇدا ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسەتكەي!

**يەر يۈزى ئۇنىڭ مەدھىيىلىرى بىلەن تولدى؛**
**4 ئۇنىڭ پارقىراقلىقى تاڭ نۇرىدەك بولدى،**
**قولىدىن چاقماق چاقناندەك ئىككى نۇر چىقتى؛**
**شۇ يەردە ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ.**
**5 ئۇنىڭ ئالدىدىن ۋابا،**
**پۇتلىرىدىن چوغدەك يالقۇن چىقماقتا ئىدى؛**
**6 ئۇ تۇرۇپ يەر يۈزىنى مۆلچەرلىدى؛**
**ئۇ قارىۋىدى، ئەللەرنى دەككە-دۈككىگە سالدى؛**
**«مەڭگۈ تاغلار» پارە-پارە قىلىندى،**
**«ئەبەدىي دۆڭ-ئېگىزلىكلەر» ئېگىلدۈرۈلدى،**
**ئۇنىڭ يوللىرى بولسا ئەبەدىيدۇر.**
**7 مەن كۇشان قەبىلىسىنىڭ چېدىرلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكتە**

---

3:3 **«تەڭرى تېماندىن، پاك-مۇقەددەس بولغۇچى پاران تېغىدىن كەلدى»** ـــ «تېمان» ۋە «پاران» قانائان (پەلەستىن) زېمىنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، هازىرقى «ئىئوردانىيە» زېمىنىغا جايلاشقان ئىككى رايون. بۇ يەردە (يەنى سىناي تېغىدا) مۇسا پەيغەمبەر «مۇقەددەس قانۇن»نى قوبۇل قىلدى، ئاندىن ئىسرائىللار خۇدانىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن پەلەستىنگە قاراپ يول ئالدى. بۇ سۆزلەرگە هەم باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىغا قارىغاندا، قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئەيسا يەر يۈزىگە قايتىپ كەلگەندىمۇ ئاۋۋال شۇ يەرگە چۈشۈپ، ئاندىن ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قانائانغا (پەلەستىنگە) قاراپ كېلىدۇ. **«سېلاھ!»** ـــ «سېلاھ» دېگەن سۆز بەلكىم كۈي چالغان ۋاقىتىدا مۇزىكىدىكى بىر «پائۇزا»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ: ـــ «توختا، ئويلان!» دېگەن ئىماسى بولۇشى مۇمكىن.

4:3 **«ئۇنىڭ پارقىراقلىقى تاڭ نۇرىدەك بولدى»** ـــ ياكى «ئۇنىڭ پارقىراقلىقى چاقماقتەك بولدى».

5:3 **«ئۇنىڭ ... پۇتلىرىدىن چوغدەك يالقۇن چىقماقتا ئىدى»** ـــ ياكى، «ئۇنىڭ ... پۇتلىرىدىن پىژغىرىن قىزىتما چىقماقتا ئىدى».

6:3 **«ئۇ تۇرۇپ يەر يۈزىنى مۆلچەرلىدى»** ـــ ياكى «ئۇ يەر يۈزىنى سىلكىپ قويدى». **««ئەبەدىي دۆڭ-ئېگىزلىكلەر» ئېگىلدۈرۈلدى»** ـــ ياكى ««ئەبەدىي دۆڭ-ئېگىزلىكلەر» غۇلىتىلدى». **««مەڭگۈ تاغلار» پارە-پارە قىلىندى، «ئەبەدىي دۆڭ-ئېگىزلىكلەر» ئېگىلدۈرۈلدى، ئۇنىڭ يوللىرى بولسا ئەبەدىيدۇر»** ـــ تاغلار هەم دۆڭلەر «ئەبەدىي» تۇرغاندەك بولسىمۇ، پەقەت تىرىك خۇدا ئۆزى «ئەبەدىيدۇر». باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى: (1) «ئۇنىڭ چىقىشلىرى ئەبەدتىن بۇيان بولغان» (2) «ئۇ قەدىمكى (ئەبەدىي) يوللاردا ماڭىدۇ».

**بولغانلىقىنى،**
**مىدىيان زېمىنىدىكى پەردىلەرنى تىترەك باسقانلىقىنى كۆردۈم.**
8 **پەرۋەردىگار دەريالارغا ئاچچىقلاندىمىكىن؟**
**سېنىڭ غەزىپىڭ دەريالارغا قارىتىلدىمىكىن؟**
**قەھرىڭ دېڭىزغا قارىتىلدىمىكىن؟**
**ئاتلىرىڭغا، نىجات-قۇتقۇزۇشنى ئېپكېلىدىغان جەڭ هارۋىلىرىڭغا**
**مىنىپ كەلگەنغۇسەن!**
9 **سېنىڭ ئوقيايىڭ ئايان قىلىندى،**
**سۆزۈڭ بويىچە، ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە ئىچكەن قەسەملىرىڭ**
**ئۈچۈن ئايان قىلىندى!**
**سېلاھ!**
**سەن يەر يۈزىنى دەريا-كەلكۈنلەر بىلەن ئايرىۋەتتىڭ.**
10 **تاغلار سېنى كۆرۈپ، ئازابلىنىپ تولغىنىپ كەتتى؛**
**دولقۇنلاپ ئاققان سۇلار كەلكۈندەك ئۆتۈپ كەتتى؛**
**چوڭقۇر دېڭىز ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ،**
**قوللىرىنى يۇقىرىغا ئۆرلەتتى.**

---

7:3 **«مەن كۇشان قەبىلىسىنىڭ چېدىرلىرى...، مىدىيان زېمىنىدىكى پەردىلەر...»** — «كۇشان» ۋە «مىدىيان» دېگەن ئىككى ئەل 3-ئايەتتىكى «تېمان» ۋە «پاران» دېگەن رايونلاردا ئىدى. ئۇلار ئىسرائىلنىڭ قانائاننى (پەلەستىننى) ئىشغال قىلىشىغا بىرىنچى قارشى چىققان ئەللەردىن ئىدى («باتۇر هاكىملار» 3- ھەم 7-بابلارنى كۆرۈڭ).

8:3 **«پەرۋەردىگار دەريالارغا ئاچچىقلاندىمىكىن؟ سېنىڭ غەزىپىڭ دەريالارغا قارىتىلدىمىكىن؟ قەھرىڭ دېڭىزغا قارىتىلدىمىكىن؟ ئاتلىرىڭغا، نىجات-قۇتقۇزۇشنى ئېپكېلىدىغان جەڭ هارۋىلىرىڭغا مىنىپ كەلگەنغۇسەن!»** — بابىل ۋە مېسوپوتامىيىدىكى بۇتپەرەسلىك ئەپسانىلىرى بويىچە، دېڭىز ۋە دەريالار ئۇلارنىڭ كۈچلۈك بۇتلىرى ياكى جىن-شەيتانلىرى تۇرىدىغان «قورغان»لىرى ئىدى. بۇ ئايەت بويىچە خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەممە بۇت ۋە جىن-شەيتانلاردىن زور ئۈستۈن كۆرسىتىلىدۇ.

9:3 **«سېنىڭ ئوقيايىڭ... سۆزۈڭ بويىچە، ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە ئىچكەن قەسەملىرىڭ ئۈچۈن ئايان قىلىندى!»** — باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى: — «سېنىڭ ئوقيايىڭ... سېنىڭ سۆزۈڭگە تايانغان قەبىلىلەرگە ئىچكەن قەسەملىرىڭ بويىچە ئايان قىلىندى!»، ياكى: «سەن ئوقيايىڭنى ئايان قىلدىڭ، نۇرغۇن ئوقلارنىڭ ئېلىپ كېتىلىشىنى بۇيرۇدۇڭ».

11 ئېتىلغان ئوقلىرىڭنىڭ پارقىراق نۇرىنى كۆرۈپ،
پاللىدىغان نەيزەڭنىڭ يورۇقلۇقىنى كۆرۈپ،
قۇياش ھەم ئاي ئۆز تۇرالغۇسىدا جىم تۇردى.
12 سەن ئاچچىقىڭدا يەر يۈزىدىن ئۆتۈپ يۈرۈش قىلدىڭ؛
ئەللەرنى غەزىپىڭدە زىرائەتنى سوققاندەك سوقتۇڭ؛
13 ئۆز خەلقىڭنىڭ نىجات-قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن،
سەن ئۆز مەسىھىڭ بىلەن بىللە نىجات-قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىقتىڭ؛
ئۇلىنى بوينىغىچە ئېچىپ تاشلاپ،
رەزىلنىڭ جەمەتىنىڭ بېشىنى ئۇرۇپ-يانجىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتتىڭ؛
سېلاھ!
14 سەن ئۇنىڭ نەيزىلىرى بىلەن سەردارلىرىنىڭ بېشىغا سانجىدىڭ؛
ئۇلار دەھشەتلىك قارا قۇيۇندەك مېنى تارقىتىۋېتىشكە چىقتى،
ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئاجىز مۆمىنلەرنى يوشۇرۇن جايدا يالماپ يۇتۇۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر!

---

13:3 **«سەن ئۆز مەسىھىڭ بىلەن بىللە نىجات-قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىقتىڭ»** — «مەسىھىڭ» ياكى «مەسىھ قىلغىنىڭ» — خۇدانىڭ يوليورۇقى بويىچە، ئىسرائىلغا يېڭى بىر پادىشاھ بېكىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈش كېرەك ئىدى. مۇشۇ مۇراسىم «مەسىھ قىلىنىش» دەپ ۋە شۇ چاغدىن باشلاپ مۇشۇ پادىشاھ «خۇدانىڭ مەسىھ قىلغىنى» دەپ ئاتىلاتتى. خۇدا داۋۇت پادىشاھنىڭ بىر ئەۋلادىنى «مەسىھ قىلىمەن»، بۇ «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» ئىسرائىلنى ھەم بارلىق دۇنيانى گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ، دەپ ۋەدە قىلغان. بىزنىڭچە مۇشۇ ئايەتتە بۇ «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» كۆرسىتىلىدۇ. **«سەن ئۆز مەسىھىڭ بىلەن بىللە نىجات-قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىقتىڭ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن ئۆز مەسىھىڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىقتىڭ». **«... ئۇلىنى بوينىغىچە ئېچىپ تاشلاپ، ...»** — ياكى «ئۇنى (شۇ جەمەتنى) ئۇلىدىن ئۆگزىسىگىچە ئېچىپ تاشلاپ،...».
—بەزى ئالىملار «رەزىلنىڭ جەمەتىنىڭ بېشى» دېگەن سۆز ئاخىرى زاماندىكى خۇداغا قارشى چىققان، شەيتانىنىڭ ۋەكىلى بولغان «دەججال»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز قوشۇلىمىز.
14:3 **«سەن ئۇنىڭ نەيزىلىرى بىلەن سەردارلىرىنىڭ بېشىغا سانجىدىڭ»** — «ئۇنىڭ» — «رەزىلنىڭ جەمەتىنىڭ بېشىنىڭ...» (13-ئايەت)؛ بەلكىم دەججالنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. **«ئۇلار دەھشەتلىك قارا قۇيۇندەك مېنى تارقىتىۋېتىشكە چىقتى»** — «مېنى» —

15 سەن ئاتلىرىڭ بىلەن دېڭىزدىن،
يەنى دۆۋە-دۆۋە قىلىنغان ئۇلۇغ سۇلاردىن ئۆتۈپ ماڭدىڭ!

16 مەن بۇلارنى ئاڭلىدىم، ئىچى-باغرىمنى تىترەك باستى؛
ئاۋازنى ئاڭلاپ كالپۇكلىرىم دىر-دىر قىلدى،
ئۇستىخانلىرىم چىرىپ كەتكەندەك بولدى،
پۇتلىرىمنى تىترەك باستى؛
چۈنكى مەن كۈلپەتلىك كۈندە،
يەنى ئۆز خەلقىمگە تاجاۋۇز قىلغۇچى بېسىپ كىرگەن كۈندىمۇ،
سەۋر-خاتىرجەملىكتە تۇرۇشۇم كېرەك.
17 چۈنكى ئەنجۈر دەرىخى چېچەكلىمىسىمۇ،
ئۈزۈم تاللىرىدا مېۋە بولمىسىمۇ،
زەيتۇن دەرىخىگە قىلغان ئەجىر يوققا چىققان بولسىمۇ،
ئېتىزلار ھېچ ھوسۇل بەرمىگەن بولسىمۇ،
قوتاندىن قوي پادىسى ئۈزۈلگەن بولسىمۇ،
ئېغىلدا كالا پادىسى يوق بولسىمۇ،
18 مەن ھامان پەرۋەردىگاردىن شادلىنىمەن،
ماڭا نىجاتىمنى بەرگۈچى خۇدايىمدىن شادلىققا چۆمۈلىمەن،
19 پەرۋەردىگار، رەب، مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمدۇر؛

---

ئىسرائىل سۆزلەيدۇ. مۇشۇ ئايەتتىكى سۆزلەر ئاخىرقى زاماندىكى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئېيتقانلىرى بولسا كېرەك.

15:3 **«سەن ئاتلىرىڭ بىلەن دېڭىزدىن، يەنى دۆۋە-دۆۋە قىلىنغان ئۇلۇغ سۇلاردىن ئۆتۈپ ماڭدىڭ!»** — مۇسا پەيغەمبەر ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقىرىپ يېتەكلىگەندە، ئۇلار قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەن. دېڭىزدىكى سۇلار ئۇلارغا يول ئېچىپ ئىككى تەرىپىدە «دۆۋە-دۆۋە» تۇرغاندى. كەلگۈسى زاماندىكى ۋەقە بەلكىم بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

16:3 **«ئاۋازنى ئاڭلاپ كالپۇكلىرىم دىر-دىر قىلدى»** — ھاباككۇك «خۇدانىڭ ئاۋازى» دەپ ئوچۇق ئېيتمايدۇ — ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاڭلىغۇدەك پەقەت بىرلا ئاۋاز بار، خالاس.

18:3 **«ماڭا نىجاتىمنى بەرگۈچى خۇدايىم...»** — ياكى «نىجاتىم بولغۇچى خۇدايىم...».

ئۇ مېنىڭ پۇتلىرىمنى كېيىكنىڭكىدەك قىلىدۇ؛
مېنى يۇقىرى جايلىرىمدا ماڭغۇزىدۇ!

(بۇ كۈي نەغمىچىلەرنىڭ بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق سازلار بىلەن ئوقۇلسۇن).

## قوشۇمچە سۆز

### مۇھىم ساۋاتلار ۋە بەزى ئايەتلەر توغرۇلۇق شەرھلەر
### 1-باب، 3-ئايەت ئۈستىدە

«سەن نېمىشقا ماڭا قەبىھلىكنى كۆرگۈزسەن،
نېمىشقا جاپا-زۇلۇمغا قاراپ تۇرىسەن؟
چۈنكى بۇلاڭچىلىق، زۇلۇم-زوراۋانلىق كۆز ئالدىمدىدۇر؛
جەڭگى-جېدەللەر بار،
دەۋالار كۆپەيمەكتە»

خۇدا هاباككۇكقا «كۆرگۈزگەن» ئازابلىق ئىشلار كەمبەغەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. يوسىيانىڭ پادىشاھلىقى ئاستىدا ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەھۋال يامان ئەمەس بولغان، بىراق زۇلۇم-زورلۇقلار تۆپەيلىدىن يۇقرالاردا ھېچ خاتىرجەملىك بولمىغان. ھاباككۇك دېگەن «زۇلۇم-زوراۋانلىق»، باشقىلارنى بوزەك قىلىشلار پەقەت بايلاردىنلا بولمىغان – ئۇ قايسىلا تەرەپكە قارىسا زوراۋانلىقنى كۆرىدۇ.

كۆپلىگەن ئادەملەردە مۇنداق چوڭ بىر خام خىيال بار: «پەقەتلا كۆپرەك پۇلىمىز بار بولسا،... »، ياكى «پەقەت ئۆز ئىشلىرىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرغان بولساقلا...» ياكى «پەقەت ئۈستىمىزدە لىللا ئىنسانپەرۋەر بىر ھاكىم بولغان بولسا، توققۇزىمىز تەل بولاتتى،... » دېگەندەك. ھاباككۇكنىڭ دەۋرىدىكىلەر تولىمۇ دۇرۇس پادىشاھ يوسىيانىڭ قول ئاستىدا ياشىغان؛ بىراق ھەتتا يوسىيادەك شۇنداق دۇرۇس بىر پادىشاھمۇ بىرنەچچە ئەسىرلەردىن يۇرگۈزۈلۈپ كەلگەن چىرىكلىكنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئەگەر خۇدا پۈتۈن خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتلەنمىگەن ياكى تونۇلمىغان بولسا، چىرىكلىشىش، بىر-بىرىگە بولغان ھەسەتخورلۇق ۋە جېدەل-ماجىرالار ئەڭ ياخشى «سىياسەتلەر» ياكى «تەشكىللەش پىلانلىرى» ئارقىلىقمۇ ھەرگىز ھەل بولمايدۇ. غەربىي دۆلەتلەرگىمۇ ئىچكى جېدەل-ماجىرالار، بىر-بىرىگە ئەرز-شىكايەت قىلىش قاتارلىقلار لەنەتتەك چۈشكەندى؛ ئۇلار بايدەك كۆرۈنسىمۇ، خەلق خۇدانى تاشلىغانلىقى تۈپەيلىدىن ھەربىرى تەئەللۇقاتلىرىدا «ئۆز خوشنىسى بىلەن بەسلىشىش»نىڭ توختاۋسىز ئېغىر بېسىمى ئاستىدا ياشىماقتا.

# بابىللىقلار توغرۇلۇق

خۇدانىڭ بابىللىقلار توغرۇلۇق سۆزى (1-باب، 5-6-ئايەت): –

«ئەللەر ئارىسىدا بولىدىغان بىر ئىشنى كۆرۈپ بېقىڭلار، ئۇبدان قاراڭلار، ھەيرانۇھەس قېلىڭلار!
چۈنكى سىلەرنىڭ دەۋرىڭلاردا بىر ئىش قىلىمەنكى،
بىرسى سىلەرگە بايان قىلغان تەغدىردىمۇ سىلەر ئىشەنمەيتتىڭلار.
چۈنكى مانا، مەن ھېلىقى مىجەزى ئۇسال ھەم ئالدىراقسان ئەل كالدىيەلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزىمەن؛
ئەسلى ئۆزىگە تەۋە ئەمەس ماكانلارنى ئىگىلەش ئۈچۈن،
ئۇلار يەر يۈزىنىڭ كەڭرى جايلىرىنى بېسىپ ماڭىدۇ...»

كالدىيەلەرنىڭ تۇيۇقسىز مەيدانغا چىقىپ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشى دەرۋەقە جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر ئىش بولدى. ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس روبەرتسون مۇنداق سۆزلەر بىلەن بۇنى تەسۋىرلەيدۇ: –

««كالدىيە» تىگرىس ھەم ئەفرات دەريالىرىنىڭ بويلىرىغا، پارس قولتۇقى ۋە بابىلنىڭ ئەڭ جەنۇبىي شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر كىچىك دۆلەت ئىدى... زەيلىك، سازلىق ۋە كۆللۈكلىرى كۆپ، يېزا-بازارلىرى ئاز بىر رايون ئىدى. ئۇنىڭ ئاھالىسى بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، كىچىك كۆلەملىك دېھقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىققا تايىنىپ جان باقىدىغان بىر خەلق ئىدى. رايون بىرنەچچە «قەبىلىلىك» دائىرىلەرگە بۆلۈنگەنىدى. خەلقلەر تەشكىلچانلىقى ناھايىتى ئاجىز بولغان، شۇنداقتىمۇ بىر-بىرىدىن قاتتىق مۇستەقىل تۇرىدىغان قەبىلە توپلىرى بولۇپ ياشىغان. ئۇلار «شەھەردىكىلەر»گە ئۆچ بولۇپ، شىمالدىكى بابىلغا ياكى نىنەۋەدەك كۈچلۈك شەھەرلەرگە ھېچ بېقىنىپ باقمىغان. «تەشكىللىكلىكى ناھايىتى ئاجىز قەبىلە توپلىرى» بولغان بۇ خەلقنىڭ يىگىرمە يىل ئىچىدە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيە بولۇشى تارىختىكى ئەڭ چوڭ سىرلارنىڭ بىرىدۇر... مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 614-يىلىدىن باشلاپ... كالدىيەلەر ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق سۈرئەت

بىلەن ماگدى؛ ئۇلار بابىلىيەگە ھۆكۈمران بولۇپ، ئاندىن ئاسۇرىيە، سۇرىيە، پەلەستىن ۋە مىسىرنى ئىگىلىۋالغان (كالدىيەلەر بابىلنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى «بابىل» دەپ ئاتىغان). بۇ ئىشلاردىن ئىلگىرى ھەتتا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ نامەلۇم دېگۈدەك ئىدى».

كالدىيەلەرنىڭ (يەنى «بابىللىقلار») «ۋەيرانچىلىق سىياسىتى» بار ئىدى – ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭكىدىن بۇلاپ كېتەلمەيدىغان ياكى نەق مەيداندا ئىشلىتەلمەيدىغان نەرسىلەر بولسىلا ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى ياكى ۋەيران قىلاتتى. ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى كۈچلۈك بولغان ئاسۇرىيەلىكلەرگە ئوخشاش، ئۇلار زۇلۇم-زوراۋانلىقنى بىر ئىلاھقا ئايلاندۇرغان.

## 1-باب، 12-ئايەت ئۈستىدە

«سەن ئەزەلدىن بار بولغۇچى ئەمەسمۇ، ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، مېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىم؟
– بىز ئۆلمەيمىز، ئى پەرۋەردىگار؛
سەن ئۇنى جازايىڭنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېكىتكەنسەن؛
سەن، ئى قورام تاش بولغۇچى، ئۇنى بىزگە تەربىيە بېرىپ تۈزىتىشكە بەلگىلىگەنسەن».

هاباككۇك كالدىيەلەر توغرىسىدىكى ۋەھيىنى قوبۇل قىلغاندا قاتتىق چۆچۈپ، زور ۋەھىمە باسقان. بىراق ئىنجىلدا ئېيتىلغاندەك: «تەۋرەتكىلى بولىدىغان نەرسىلەر يەنى يارىتىلغان نەرسىلەر تەۋرىتىلىپ يوقالغاندا، تەۋرەتكىلى بولمايدىغان نەرسىلەر قالىدۇ». هاباككۇك دەرۋەقە تەۋرىتىلدى، بىراق ئۇنىڭ ئۆلمەس ئىمان-ئېتىقادى تەۋرەنمىدى. ۋەھىي-بېشارەت ئۇنىڭ جېنىغا قاتتىق تەگكەن بولسىمۇ، ئۇ كۆڭلىدە «قورام تاش» بولغۇچى خۇدانى چىڭ سىغىنىپ، ئۆزى بىلىپ يەتكەن، ھېچكىم رەددىيە قايتۇرالمايدىغان ھەقىقەتنى جاكارلايدۇ (12-ئايەت). دەرۋەقە بابىللىقلار ئازغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە زور بىر كۈچ بولۇپ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگىنى بىلەن، خۇدا بەرىبىر ئەزەلدىن ھەممىنىڭ ئىگىسى

بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۆزى پاك-مۇقەددەسلىكتۇر ۋە ئۇ ئۆزگەرمەستۇر. دەرۋەقە ئۇ بىر تەرەپتىن خۇدانىڭ «ئۇنى (بابىللىقلارنى) جازايىڭنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېكىتكەن» دېگىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. بىراق ئۇ يەنىلا: «خۇدا پاك-مۇقەددەس تۇرۇپ، بابىللىقلارنىڭ كۆچىيىپ ئويئوچۇق قىلغان رەزىللىكلىرىگە قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەننى ئويلاپ چىدىيالمايدۇ، شۇڭا ئۇ 13-ئايەتتىكى سۆزنى قىلىدۇ: —

## 13-ئايەت ئۈستىدە

«سېنىڭ كۆزۈڭ شۇنچە غۇبارسىز ئىدىكى،
رەزىللىككە قاراپ تۇرمايتتىڭ؛
ئەمدى نېمىشقا سەن مۇناپىقلىق قىلغانلارغا قاراپ تۇرىسەن،
رەزىللەر ئۆزىدىن ئادىل بولغان كىشىنى يۇتۇۋالغىنىدا، نېمىشقا سۈكۈت قىلىسەن؟»

ئەمەلىيەتتە بولسا خۇدا ھېچكىم بىلىپ يېتەلمەيدىغان دەرىجىدە رەزىللىك ئۈستىگە سەپسېلىپ قارىيالايدۇ ھەم ئۇنىڭغا قارايدۇ. ئۇ ئۇنىڭ دەھشەت تەگلىرىگە قارىيالايدۇ ۋە ھەتتا ئۇنىڭدا ھەرگىز ئېچىلمايدىغان نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك شۇ رەزىل بولغۇچىنى نېمىشقا دەرھال يوقاتمايدىغانلىقىنى بىز پەقەت ئىنجىل سەھىپىلىرىنى ئوقۇغاندىلا چۈشىنەلەيدىغان بولدۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا ھەرقايسىمىزدا رەزىللىك تېپىلماسمۇ؟ مەسىھ ئەيسا بىر چاغدا ئۆز مۇرىتلىرىغا مۇنداق سۆز قىلدى: — «سىلەر رەزىل نىيەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ، پەرزەنتلىرىڭلارغا ياخشى نەرسىلەرنى بېرىشنى بىلگەن يەردە، ئەرشتىكى ئاتاڭلار تىلىگەنلەرگە مۇقەددەس روھىنى ئىلتىپات قىلماسمۇ؟». مەسىھنىڭ مۇشۇ مۇخلىسلىرى تووۋا قىلغان، ئەيساغا ئىشىنىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا رەزىللىك قالدى. خۇداغا شۈكرى، مەسىھنىڭ نىجاتىدىن ئاتا قىلىنغان مۇقەددەس روھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەم ئۆز رەزىللىكىدىن قۇتۇلىدىغان بولىدۇ. بىراق ھەممىمىز ئەينى ئەھۋالىمىزدا روسۇل پاۋلۇس دېگەندەك بولىمىز: «ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ سادىر قىلىپ،

خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى» («رىم.» 23:3). ئۆزىدە گۇناھ بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ يەر يۈزىدە تىرىك تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتىنىڭ كۆندىلىك بىر مۆجىزىسىدۇر. بۇ مۆجىزىنى پەقەت ئۇنىڭ «ھېچكىمنىڭ ھالاك بولۇشىنى خالىماي، بەلكى ... بارلىق ئىنسانلىڭ توۋا قىلىشقا كىرىشىنى خالايدىغان» غايەت زور مۇھەببىتى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ («2پېت.» 9:3). ئۇ بۇ مۇھەببىتى بىلەن «ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئۆزى بىلەن ياراشتۇرۇش ئۈچۈن» («كول.» 18:1)، دەل ئۆزىنىڭ «كالام»ى بولغان ئەيسا مەسىھنى گۇناھلار ئۈچۈن قۇربانلىق سۈپىتىدە بەردى. بۇ قۇربانلىقنىڭ نەتىجىسى بولسا ھەرقايسى توۋا قىلغان ئىشەنگۈچىنى ئۆزىنى ۋەيران قىلىۋاتقان گۇناھتىن ئايرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ھاباككۇك جاۋابنى كۈتۈشكە بەل باغلايدۇ. ئۇ ھەتتا ئۆزىنى داد-پەريادىم تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ ئەيىبلىشىگە ياكى جازالىشىغا ئۇچرىشىم مۇمكىن دەپ بىلسىمۇ، يەنىلا سوئال قويۇشقا جۈرئەت قىلىدۇ. ئۇ دەرۋەقە «خۇدا ئۈچۈن ئۆزىدىن كەچكەن» ئادەم — مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى قوغلاشنىڭ ئۇلۇغ يولىدا ئۆز نىجاتىغا ياكى بەختەرلىكىگە پەرۋا قىلمىغان ئادەم. خۇدا بىزگە ھەربىر دەۋردە شۇنداق ئادەملەرنى بەرسۇن!

ئۇ مۇنداق بايان قىلىدۇ (1:2): —

«ئەمدى مەن ئۆز كۆزىتىمدە تۇرىۋېرىمەن،
ئۆزۈمنى مۇنار ئۈستىدە دەس تىكلەيمەن،
ئۇنىڭ ماڭا نېمە دەيدىغانلىقىنى،
شۇنىڭدەك ئۆزۈم بۇ داد-پەريادىم توغرۇلۇق قانداق تېگىشلىك جاۋاب تېپىشىم كېرەكلىكىنى بىلىشنى كۈتۈپ تۇرىمەن».

كۆزەتچىنىڭ تۇرمۇشى يالغۇزلۇق تۇرمۇشىدۇر. ئۇ تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئايرىلىپ، «مۇنار ئۈستىدىكى» غېرىبانە ۋەزىپىگە چىقىشى كېرەك. بۇ ۋەزىپە ئىنساندىن سەۋر-تاقەت، ئىخلاس، ئەستايىدىللىق ۋە پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ. جاھاندىكى ۋەزىيەتنى، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن

ئۇ ئۆز تۇرمۇشىغا ئائىت ئىشلار ۋە مەسىلىلەرنىڭ دائىرىسىدىن يىراقنى كۆرۈشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا سوقىدىغان ھەرقانداق تەسىرىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىنى نەگە ئاپىرىپ قويۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىگە بولغان نەتىجىگە تەييار تۇرىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بىر ئادەم بالىسىغا خۇدا جاۋاب بېرىدۇ. هاباككۇك قوبۇل قىلغان جاۋاب پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا كەلگەن ئەمەس. ئۇنى بۇ خەۋەرنى باشقىلارغا يەتكۈزىدىغانلار ئۈچۈنمۇ ئايان قىلىپ يېزىشى كېرەك. خەۋەرنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر بىر ئەگرى-توقاي دۇنيادا خۇداغا ئىتائەت قىلىدىغان يولدا چىدامىلىق بىلەن يۈگۈرەلەيدىغان بولىدۇ: —

(3-2:2) «ھەم پەرۋەردىگار جاۋابەن ماڭا مۇنداق دېدى: —
«ئوقۇغانلار يۈگۈرسۇن ئۈچۈن،
بۇ كۆرۈنگەن ئالامەتنى يېزىۋال؛
ئۇنى تاختايلار ئۈستىگە ئېنىق ئويۇپ چىق؛
چۈنكى بۇ كۆرۈنگەن ئالامەت كەلگۈسىدىكى بېكىتىلگەن بىر ۋاقىت ئۈچۈن،
ئۇ ئادەملەرگە ئاخىرەتنى تەلپۈندۈرىدۇ،
ئۇ يالغان گەپ قىلمايدۇ؛
ئۇزۇنغىچە كەلمەي قالسىمۇ، ئۇنى كۈتكىن؛
چۈنكى ئۇ جەزمەن يېتىپ كېلىدۇ، ھېچ كېچىكمەيدۇ».

تەرجىمىگە ئىزاھاتلىغىنىمىزدەك، سۆزمۇسۆز ئېيتقاندا: «ئۇ ئادەملەرگە ئاخىرەتنى تەلپۈندۈرىدۇ» دېگەن ئىبارە: «ئۇ ئاخىرەتكە قاراپ ھاسىراپ نەپەس ئالىدۇ» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

«كۆرۈنگەن ئالامەت كەلگۈسىدىكى بېكىتىلگەن بىر ۋاقىت ئۈچۈن»

— ئاموس پەيغەمبەر خۇدانىڭ غەزىپىنىڭ ئىسرائىلغا چۈشۈرىدىغان ئاپەتلىرى توغرۇلۇق ئىككى «ئالامەت كۆرۈنۈش»نى كۆرگەن ۋە بۇ كۆرۈنۈشتىكى ئاپەتلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسۇن دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن خۇدا ئۇنىڭغا «بۇ ئاپەتلەر

چۇشمەيدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەندى. بىراق هاباككۇك كۆرگەن بۇ ئالامەت كۆرۈنۈش «كەلگۈسىدىكى بېكىتىلگەن بىر ۋاقىت ئۈچۈن» بولغان ـ ئىنسان بالىسىنىڭ هېچقانداق دۇئاسى ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

هازىر خۇدانىڭ جاۋابىنىڭ بىرىنچى قىسمى، تۆۋەندىكى بۈيۈك ھەقىقەت بېرىلىدۇ: ـ

(4:2) «قارا، تەكەببۇرلىشىپ كەتكۈچىنى!
ئۇنىڭ قەلبى ئۆز ئىچىدە تۈز ئەمەس؛
بىراق ھەققانىي ئادەم ئۆز ئېتىقاد-سادىقلىقى بىلەن هايات ياشايدۇ».

بۇ بايانىنىڭ بىرىنچى قىسمى بىزگە ئۇقتۇرىدۇكى، ھەرقانداق ئادەم تەكەببۇر بولسا، دەل شۇ سەۋەبتىن دۇرۇس، تۈز ياشىيالمايدۇ. ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى ھەممىگە بولغان كۆزقارىشىنى بۇرمىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ روھىي جەھەتتە ئۆلۈك ئادەم، چۈنكى پەقەت «ئېتىقاد-ساداقەتلىكى» بار ئادەم هاياتتۇر. بۇنداق ئېتىقاد خۇدانى توختاۋسىز چىڭ تۇتىدىغان ئاكتىپ ئېتىقادتۇر. بۇنداق ئېتىقاد بولمىسا «هايات ياشاش» دەرۋەقە مۇمكىن ئەمەس. خۇداغا ئىشەنگۈچى ھەربىر ئادەم شۈبھىسىكى، قايسىبىر سىناقلارغا، چۈشەندۈرۈشكە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا، ھەرقانداق مەنتىقىغە ياتمايدىغان ئىشلارغا، ئۆزاققا ھەل بولمىغان مەسىلىلەرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەقىقىي ئېتىقادلىق ئادەم ئۈچۈن جاۋاب تېپىلمايدىغان سوئاللار ئازايماستىن، بەلكى كۆپىيىپ كېتىدۇ؛ بىراق شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىمان-ئىشەنچىمىزگە قارىغاندا، خۇدانىڭ ئەمەللىرىدىن ۋە بىزگە يېقىن تۇرغىنىدىن بېشىمىزدىن ئۆتىدىغىنىمۇ كۆپىيىدۇ. روسۇل پاۋلۇسنىڭ: «بىز ئىمان-ئىشەنچ بىلەن ماڭىمىز، كۆرۈش سىزىمىمىز بىلەن ئەمەس» دېگىنىدەك («2كور.» 7:5)، خۇدا: ـ «مەن سېنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭنى، ئۇنى قانداق قىلىۋاتقانلىقىڭنى ھەم سېنىڭ مەقسەتلىرىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى هېچ چۈشەنمەيمەن؛ بىراق بارلىق سوئاللىرىمنى «تەكچە ئۈستىگە» قويۇپ قويىمەن، سېنىڭ يوللىرىڭ ئەڭ ئەلا، سەن ئەڭ مېھرىبان دەپ ئىشىنىمەن»

دېگەندەك بىر جاۋابنى هاباككۇكتىن كۈتكەن (هاباككۇك دەرۋەقە 3-بابتا مۇشۇنداق بىر جاۋاب بېرىدۇ).

هازىر خۇدا جاۋابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا ئۆتىدۇ؛ ئەمەلىيەتتە ئۇ بابىلنى جازالىماقچى؛ قىيامەت كۈنىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇ زاماندىمۇ ئۇنى دەل ئۇنىڭ ئۆز جاھانگىرلىكى تۈپەيلىدىن بولغان دۈشمەنلىرى ئارقىلىق جازالايدۇ.

5-ئايەت بىرگە خەۋەرلەندۈرىدۇكى، «هاراق ئۇنىڭغا (بابىل پادىشاھىغا) ساتقۇنلۇق قىلىدۇ»؛ ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى ئۆزىدە «ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىشىم كېرەك» دېگەندەك نىشانىنى هاسىل قىلىپ، ئۆزىنى جىم تۇرغۇزماي ئىنتايىن ئۆرۈشپەرەس قىلىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىر لەنەتلىكتۇر. ئۆزىنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرىدىن، ساۋاقداشلىرىدىن ياكى خىزمەتداشلىرىدىن مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىنتىلىشلەر قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ قانچىلىغان يىللىرىنى ئىسراپ قىلىدۇ؟ خۇدانىڭ مۇشۇنداق ئەخمەقلىققە قىلچە كارى يوق. ئىنساننىڭ ئىقتىدارلىرى ئەسلى خۇدادىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىكىتىشلىرى بويىچە، ھەربىرىمىزگە قانچىلىك تالانت بېرىلسۇن دېيىلگەن بولسا شۇنچىلىك بېرىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بىر تالانتنى باشقا بىر تالانت بىلەن سېلىشتۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟ ــ دەل شۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ شەپقىتى ھەم مېھرىبانلىقىغا ئىشەنمەسلىككە باراۋەر.

«شاراب ... ساتقۇنلۇق قىلىدۇ». كونا گرېك تارىخشۇناسلىرى كسېنوفون ۋە ھېرودىتۇسنىڭ بىرگە خەۋەرلەندۈرۈشىچە، بابىللىقلار ئۆچىغا چىققان ھاراقكەشلەر ئىدى. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى ئۇلارنى نابۇتلۇققا ئېلىپ بارغان. تەۋراتتىكى «دانىيال»نىڭ 5-بابىدا خاتىرىلەنگەندەك، بابىل پادىشاھى بەلشازار ۋە ئەمىرلىرى ئوردىسىدا مەست بولۇپ ئولتۇرغاندا، بابىلنىڭ سېپىلىنى قورشىۋالغان پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنى قورۇپ كەتكەن دەريا سايلىرىدىن شەھەر ئىچىگە ئاستىرتتىن كىرىۋالغان. بابىللىقلارنىڭ مەستلىكى ئۆز كۆزىنى بۇ ئىشنى كۆرمەيدىغان قىلغانىدى. شۇ كۈنى ۋە كېيىنكى يىللاردا 6-12-ئايەتلەردە

بېشارەت بېرىلگەندەك، ئۇلار ئەسلى خورلىغان ئەللەرنىڭ ئەمدى ئۇلارنى مازاق قىلىدىغان ۋە ئۆچىنى ئالىدىغان پۇرستى چىققاندى. بىراق پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا كۆپ ئۇچرىغاندەك، بېشارەت تۈنجى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشتىن ئاخىرقى زامانغا ئاتلاپ ئۆتىدۇ. تەۋراتتىكى «يەشايا» (13-14-باب) ۋە «يەرەمىيا» (49-50-باب) ۋە ئىنجىلدىكى «ۋەھىي» (17-18-باب) دېگەن قىسىملار بابىل شەھىرى ئاخىرقى زامانلاردا قايتىدىن قۇرۇلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن ئوخشايدۇ. سادام ھۈسەين ئاللىقاچان بۇ ئىشنى باشلىدى، بىراق ھازىرچە ئۇ (يېڭى بابىل) پەقەت بىر ساياھەت ئورنى، خالاس. بۇ ئاخىرقى زاماندا قۇرۇلغان ئۇلۇغ بابىل شەھىرى بىرىنچى بابىل شەھىرىگە ئوخشاش ۋەيران بولىدۇ، چۈنكى: —

«خۇددى سۇلار دېڭىزنى قاپلىغاندەك،
پۈتۈن يەر يۈزى پەرۋەردىگارنى بىلىپ-تونۇش بىلەن قاپلىنىدۇ»
(14-ئايەت).

ئاخىر بېرىپ ئىنسانىيەتنىڭ ھەربىر ماختىنىپ كەتكەنلىرى ھەممىگە قادىرنىڭ يالقۇنلىغان شان-شەرىپى ئالدىدا تۆكۈلىدۇ. ھاباككۇك پەيغەمبەرنىڭ 20-ئايەتتە مۇنداق جاكارلىغانلىقى ئەجەب ئەمەس: —

(20-ئايەت) «بىراق پەرۋەردىگار ئۆز مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدىدۇر!
پۈتكۈل يەر يۈزى ئۇنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلسۇن!»

ئىشەنگۈچىنىڭ نومۇس قىلمايدىغان نوچى، خۇداسىز ئادەملەرنىڭ كۈچلۈك بولۇپ تەختلەرگە چىقىشىدىن ئەنسىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. خۇدا ئەرشتىن مۇشۇ ئىشلارغا خاتىرجەملىك بىلەن قاراۋاتىدۇ ۋە ھەربىر ئىشتا ئەڭ ئاخىرقى سۆز ئۇنىڭكى بولىدۇ.

كىتاب ھاباككۇكنىڭ دۇئاسى ۋە مەدھىيىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ (3-باب). بىراق بۇ دۇئاسى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» كۆرسەتكەن بىر ئالامەت كۆرۈنۈش بىلەن ئارىلاشقان. كۆرۈنۈشتە خۇدانىڭ بىكىتكەن ۋەكىلىنىڭ ئىنسان شەكلىدە يەر يۈزىگە خۇدانىڭ غەزەپلىك جازاسىنى ئېلىپ بېرىپ، بارلىق ئەللەرنى سوراققا تارتىشقا

چۈشىدىغانلىقى كۆرۈندۇ. ئىنجىلدىن بىلىمىزكى، خۇدانىڭ بۇ ۋەكىلى رەب ئەيسا مەسىھتىن باشقا بىرى ئەمەس. تەۋراتتىكى «يەشايا» 63-بابتا كۆرسىتىلگەندەك دۇنياغا قايتىپ كەلگىنىدە ئۇ ئاۋۋال دەججالنىڭ ئىسرائىلنى يوقىتىشقا يىغقان قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا ئېدوم (ھازىرقى ئىئوردانىيە)دىكى بوزراھ شەھىرى ئۈستىگە چۈشىدۇ. يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كۆرگىنى ھاباككۇك كۆرگەن ئالامەت بىلەن بىر بولىدۇ: «تەڭرى تېماندىن، پاك-مۇقەددەس بولغۇچى پاران تېغىدىن كەلدى» (3:3). تېمان ۋە پاران تېغى دەل ئېدوم تەۋەسىدىكى جايلار. ئۇ ئېدومدىن ئۆتۈپ يېرۇسالېمدىكىلەرنى يېرۇسالېمنى قورشۇۋالغان دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن «زەيتۇن تېغى»غا چۈشىدۇ («زەك.» 14-باب). بۇ ۋەقەلەرنى قىسمەن تەسۋىرلەيدىغان بېشارەتلەر ھاباككۇكنىڭ دۇئا-مەدھىيە سۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا (3-15-ئايەتلەردە) كۆرۈندۇ. بۇ ئايەتلەر خۇدانىڭ جاۋابىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى بولىدى؛ پۈتۈن جاھاننى سوراققا تارتقۇچى، يەنى رەب ئەيسا مەسىھنىڭ قايتا پەيدا بولۇشى بىلەن ھەربىر ئۈۋال ۋە ئادالەتسىز ئىشلار تۈزۈتۈلىدۇ ۋە تىنچ-ئىناقلىق يەر يۈزىدە تىكلىنىدۇ.

بۇ ھەم دەھشەتلىك ھەم شەرەپلىك ئالامەت كۆرۈنۈش ھاباككۇكنى دەرمانسىز قالدۇرىدۇ. بىرخىل كىسەللىك ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى ئىچىگە كىرگەندەك (16) قىلىدۇ. بىراق نەتىجىدە ھاباككۇك بېشارەتنىڭ خەۋرىنى قوبۇل قىلغان بارلىق ئىشەنگۈچىلەر بىلەن بىللە، ئۆزىنى خۇدانىڭ كۆيۈمچانلىقىغا سەۋر-تاقەت بىلەن تاپشۇرالايدىغان بولىدى. ھەتتا بابىللىقلار تاجاۋۇز قىلغان كۈنىدەك ۋاقىتلاردىمۇ بېشارەتنى قوبۇل قىلغۇچىلار تېخىمۇ خاتىرجەملىككە ئىگە بولۇپ ئۆز خۇداسىدىن شادلىنىدۇ: —

«چۈنكى ئەنجۈر دەرىخى چېچەكلىمىسىمۇ،
ئۈزۈم تاللىرىدا مېۋە بولمىسىمۇ،
زەيتۇن دەرىخىگە قىلغان ئەجىر يوققا چىققان بولسىمۇ،
ئېتىزلار ھېچ ئاش بەرمىگەن بولسىمۇ،
قوتاندىن قوي پادىسى ئۈزۈلگەن بولسىمۇ،
ئېغىلدا كالا پادىسى يوق بولسىمۇ،
مەن ھامان پەرۋەردىگاردىن شادلىنىمەن،
ماڭا نىجاتىمنى بەرگۈچى خۇدايىمدىن شادلىقتا چۆمۈلىمەن

پەرۋەردىگار، رەب، مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمدۇر؛
ئۇ مېنىڭ پۇتلىرىمنى كېيىكنىڭكىدەك قىلىدۇ؛
ئۇ مېنى يۇقىرى جايلىرىمغا ماڭغۇزىدۇ!»
(19-17:3)

تەڭرى تېغى ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈۋاتقان ياۋايى قويلارنى كۆرگەن ھەرقايسى كىشى بۇ مەنزىرىنى چۈشىنىدۇ. قويلار خۇددى بىمالال ھالدا بىر خەتەرلىك چوققىدىن باشقا بىر خەتەرلىك چوققىغا سەكرەپ ئاقاندەك سۇدەك ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلچە ئىككىلەنمەي، قىلچە ئارىسالدى بولماي، ئەپلىك، يارىشىملىق مېڭىشلىرىنىڭ قاپىيىسى دەل جايىغا چۈشكەن، رىتىمى يېقىملىق بىر شېئىر دېگىلى بولىدۇ. دەل شۇنىڭدەك خۇدا شۇ تەرىقىدە ئىمان-ئىشەنچى بار ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئۇلۇغلىنىدۇ.

شۇڭا بىز ھاباككۇكنىڭ دەردلىك داد-پەريادىدىن ئۆگىنىمىزكى: —

(1) ئىمان-ئىشەنچ بىلەن ھايات ياشايدىغان ھەققانىي ئادەم خۇدانىڭ ئىشىنى قىلىدىغان يولنى قوبۇل قىلىدۇ.

(2) خۇدا پات-پات بەزى ئەللەرنى ياكى شەخسلەرنى ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقى بىلەن جازالايدۇ. بارلىق گۇناھ ئاخىر بېرىپ ئۆز-ئۆزىنى يوقىتىدىغان بىر نەرسىدىن ئىبارەتتۇر.

(3) ئاخىرىدا بۇ ئالەمدىكى بارلىق ئادالەتسىزلىكلەر، ئۇۋال ئىشلار مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە ئوڭشىلىدۇ.

ھەمدۇسانا!

ئامىن!

# تەۋرات 36-قىسىم

# «زەفانىيا»

## (زەفانىيا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### پەيغەمبەر ئۆزى

زەفانىيا — ««ياھ» (پەرۋەردىگار) ئەتىۋارلايدۇ» ياكى ««ياھ» قوغدايدۇ» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى «كۇشى» بولۇپ، «ئېفىئوپىيەلىك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بەلكىم زەفانىيانىڭ ئاتىسى كۇشى ياكى چوڭ ئاتىسى گەدالىيانىڭ ئېفىئوپىيە بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك. زەفانىيا كىتابىدا ئىككى قېتىم ئېفىئوپىيەنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھەزەكىيا پادىشاھنىڭ چەۋرە ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىزگە ئۇقتۇرىدۇ — سەۋەبى، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى «ئېفىئوپىيەلىك» دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر (زەفانىيا يەھۇدىي بولمىغان بولسا، يەھۇدىيلار ئۇنى ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر دەپ ھېسابلىمايتتى). تەۋراتتىكى باشقا قىسىملاردىن زەفانىيا توغرۇلۇق خەۋىرىمىز يوق.

### يېزىلغان ۋاقتى

زەفانىيا پەيغەمبەر بېشارەتلىرىنىڭ يوسىيا پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 640-609-يىلى) بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شىمالىي پادىشاھلىق، يەنى «ئىسرائىل» يۈز يىل ئىلگىرى يوقىتىلغانىدى. يەھۇدانىڭ

پادىشاھى يوسىيا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 621-يىلى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا بۇتپەرەسلىكنى يوقىتىدىغان تولۇق ئىسلاھاتنى يولغا قويىدۇ. بەزى ئالىملار، بۇ ئىسلاھاتنىڭ ئىزچىل ئېلىپ بېرىلىشىغا تۆرتكە بولغىنى دەل زەفانىيەنىڭ بېشارىتى ئىدى، شۇڭا كىتاب شۇ يىلدىن بۇرۇن يېزىلغان، دەپ قارايدۇ. زەفانىيا پەيغەمبەرنىڭ نىنەۋە شەھىرىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتقىنىغا قارىغاندا، بېشارەتلەر چوقۇم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 612-يىلىدىن بۇرۇن جاكارلانغان. دېمەك، ئۇ ناھۇم، ھاباككۇك ۋە يەرەمىيا پەيغەمبەر بىلەن زاماندىش ئىدى.

زەفانىيانىڭ يېرۇسالېمدىكى كىچىك مەھەللىلەرنى تىلغا ئالغانلىقى ئۇنىڭ يېرۇسالېمدا تۇرغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

يوسىيا يەھۇدانىڭ ئەڭ ھەققانىي پادىشاھلىرىنىڭ بىرى بولغان. ئۇنىڭ چوڭ ئاتىسى مانەسسەھ ۋە ئاتىسى ئامون يەھۇدادا ئۆتكەن پادىشاھلار ئىچىدە رەزىل پادىشاھلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، يوسىيا تەختتە ئولتۇرغاندا ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەنىدى. چوڭ ئاتىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 55 يىلنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن يامان تەسىرلەرنى قالدۇرغانىدى. ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ بۇتپەرەسلىك، سېھىرگەرلىك، پالچىلىق، ھەرخىل زۇلۇم-زورلۇقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. يوسىيا يىگىرمە ياشقا كىرگەندە بۇلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشلاپ، «ئىسلاھات»نى يولغا قويىدى. بىراق زەفانىيانىڭ پەيغەمبەرلىك ئىزلىرىنى باسقان يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ تەۋراتتىكى «يەرەمىيا» دېگەن يازمىسىدىن بىلىمىزكى، مۇشۇنداق بۇتپەرەسلىك ۋە زۇلۇم-زورلۇقلار يوقىماستىن يوشۇرۇن ھالدا داۋاملاشقان، يوسىيا ھەتتا ئۆز ئوردىسىدىكى ھاكىملارنىڭ ياكى كاھىنلارنىڭ چىرىكلىكىنى يوقىتالمىغانىدى.

زەفانىيا مۇنداق دەيدۇ: – «ئۇنىڭ (يېرۇسالېمنىڭ) ئوتتۇرىسىدا بولغان ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسى ھۆركىرەيدىغان شىرلار، ئۇنىڭ سوراقچىلىرى بولسا كەچلىكى ئوۋلايدىغان، ئەتىگىنى غاجىلىغۇدەك ھېچنەرسە قالدۇرمايدىغان بۆرىلەردۇر» – (3:3).

## كىتابنىڭ تېمىسى

زەفانىيا بولسا كۆزلىرىنى مەڭگۈلۈك، باقىي دۇنيادىكى ئىشلارغا تىككەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆز خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن راۋاج تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىن خۇدا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئىدى. بەزى پەيغەمبەرلەر (هاباككۇك، يەرەمىيالاردەك) كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى خۇدانىڭ ئۆز خەلقىنى جازالاشتا ئىشلەتمەكچى بولغان ۋاستىسى (مەسىلەن، بابىل، ئاسۇرىيە، گرېكلار قاتارلىقلار)نىڭ ئۈستىگە قارىتىدۇ. بىراق زەفانىيا ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ قەلبى ياقۇنلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دىكى تەپسىلىي جازالىرى ياكى جازا ۋاستىلىرىگە ئەمەس، بەلكى شۇ كۈنى ئۆزىگە - يەھۇداغا ۋە بارلىق ئالەمگە كېلىدىغان «ھېسابلاش كۈنى»گە تىكىلىپ قارايدۇ. شۇ كۈندە: «مەن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىمەن، شۇنىڭدەك «ئىخلاسمەن ئەل» بولغان ئىسرائىلنىڭ بىر ئەزاسىمەن» دېيىشنىڭ كىشىگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. خۇدا ھەربىر ئادەمنى شەخسەن ئايرىم-ئايرىم سوتلايدۇ.

«شۇ چاغدا شۇنداق بولىدۇكى،
مەن يېرۇسالېمنى چىراغلار بىلەن ئاختۇرىمەن،
ئارزاڭلىرى ئۈستىدە تىنغان شارابتەك تۇرغان-ئەندىشىسىز ئادەملەرنى،
يەنى كۆڭلىدە: «پەرۋەردىگار ھېچ ياخشىلىقنى قىلمايدۇ، يامانلىقنىمۇ قىلمايدۇ» دېگەنلەرنى جازالايمەن» (12:1).

«بىزنىڭ ئىنتايىن ئادىل بىر پادىشاھىمىز، يوسىيا بار» دېيىشنىڭمۇ پايدىسى يوق بولىدۇ. خۇدا دەرۋەقە «قۇربانلىق قىلىدىغان بىر كۈنى»نى بېكىتكەندى ـ بىراق بۇ كۈندىكى قۇربانلىقلار بولسا، ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىغا «مانا مېنىڭ ئىخلاسمەنلىكىمگە قارا!» دەپ ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىقلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى – دىنىدار ھەم گۇناھقا تولغان كىشىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ (1:7-8).

«شۇ كۈنى مەن بوسۇغىدىن دەسسىمەي ئاتلايدىغانلارنى، يەنى زۇلۇم-زورلاۋانلىق ھەم ئالدامچىلىققا تايىنىپ خوجايىنلىرىنىڭ

ئۆيلىرىنى تولدۇرىدىغانلارنى جازالايمەن» (9:1).

مانا ئۇلار ئىنتايىن پەرھىزخۇمار بىر خەلق ئىدى – ئۇلار تولىمۇ مەنىسىز خۇراپىي بىر دىنىي پەرھىزنى، يەنى «يامان بولىدۇ» دېگەننى ئىنتايىن چوڭ بىلىدۇ، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقانداق بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق، قاتىللىققا تەييار تۇرىدۇ. ئۇلار خۇراپىيلىق يولىدا «ئۆي بوسۇغىسىنى دەسسىمەيدۇ»، بىراق ئۆيىدىكى بىساتلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئۆي ئىچىدىكىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. «دىن»نىڭ ئادەملەرنى ئۆزىنى-ئۆزىگە ئالدىتىدىغان ماھىيىتى مانا شۇنداقتۇر. «دىن» ئادەمنى قۇتقۇزمايدۇ، قۇتقۇزۇش پەقەت ھەممىگە قادىرنىڭ ئۆزى كۆرسەتكەن نىجاتلىق يولىغا بويسۇنۇپ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىدۇر.

زەفانىيا پەيغەمبەر خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ئاسىيلىقلىرىغا قاراپ ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بېشارىتىنىڭ ئۇلۇغ تېمىسى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەللەرگە، يەھۇدا ھەم ئىسرائىلغا بولغان تەسىرى ئىدى. دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر (باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدا دېيىلگىنى بويىچە، يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن) جەڭگە يىغىلىپ، خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ (8:3). ئىسرائىل ئازاب-ئوقۇبەت تارتىش ئارقىلىق پاكلاندۇرۇلۇپ، پەرۋەردىگارنى ئىزدەيدۇ (11:3-13). «يات ئەللەر»دىن تىرىك قالغانلارمۇ خۇدانىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىپ ئۇنىڭدا ماڭىدۇ (9:3-10). خۇدا ئىسرائىلنى قايتىدىن پەلەستىنگە يىغىدۇ (14:3-20). بۇ ئىش پۈتكۈل جاھانغا ۋە خۇدا ئۆزىگىمۇ زور خۇشاللىق بولىدۇ.

زەفانىيا نىنەۋە شەھىرىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتىدۇ. بۇ ئىش ئون يىلدىن كېيىن يۈز بېرىدۇ. ئۇ يەنە فىلىستىيلەر توغرۇلۇق «قىسقا مۇددەتلىك» بېشارەت بەرگەن. بۇ بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى خەلق ئالدىدا بېكىتىلىپ، يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئۇنىڭ يازمىسىنى خۇدادىن كەلگەن دەپ تەۋرات يازمىلىرىنىڭ قاتارىغا قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن زەفانىيا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى قولىمىزدا بۈگۈنگىچە تۇرۇۋاتىدۇ.

## مەزمۇن: ـ

(ئا) پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى
(1) (1:2-3) ـ سوراقنىڭ تارتىشنىڭ ئۇمۇمىيلىقى
(2) (1:4-2:3) ـ يەھۇدانىڭ سوراقنا تارتىلىشى
(3) (2:4-15) ـ ئەللەرنىڭ سوراقنا تارتىلىشى
(4) (3:1-7) ـ يېرۇسالېمنىڭ سوراقنا تارتىلىشى
(5) (3:8 ـ بارلىق ئەللەرنىڭ سوراقنا تارتىلىشى
(ئە) ئىسرائىلنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى
(1) (3:9-10) ـ ئەللەرنىڭ خۇدانىڭ يېنىغا كېلىشى
(2) (3:11-13) ـ ئىسرائىلنىڭ خۇدانىڭ روھىدا «قايتىدىن تۇغۇلۇش»ى
(3) (3:14-20) ـ ئىسرائىل خەلقىنىڭ قايتىدىن يىغىلىشى

# زەفانىيا

1 [1]ئامونىڭ ئوغلى يوسىيا يەھۇداغا پادىشاھ بولغان ۋاقىتلاردا، ھەزەكىيانىڭ چەۋرىسى، ئامارىيانىڭ ئەۋرىسى، گەدالىيانىڭ نەۋرىسى، كۇشىنىڭ ئوغلى زەفانىياغا يەتكەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى: ــ

## سوراقتا تارتىشنىڭ ئومۇميلىقى

[2]مەن يەر يۈزىدىن ھەممىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
[3]ــ ئىنسان ھەم ھايۋانني قۇرۇتۇۋېتىمەن،
ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار ھەم دېڭىزدىكى بېلىقلارنى،
بارلىق پۇتلىكاشاڭلارنى رەزىل ئادەملەر بىلەن تەڭ قۇرۇتۇۋېتىمەن،
ئىنسانىيەتنى يەر يۈزىدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

## يەھۇدانىڭ سوراقتا تارتىلىشى

[4]ــ شۇنىڭ بىلەن مەن يەھۇدا ئۈستىگە،
بارلىق يېرۇسالېمدىكىلەر ئۈستىگە قولۇمنى سوزىمەن؛
مۇشۇ يەردە «بائال»نىڭ قالدۇقىنى،
«قېمار»لارنىڭ نامىنى كاھىنلار بىلەن بىللە ئۈزۈپ تاشلايمەن؛

---

**3:1** يار. 7:6

4:1 **«مۇشۇ يەردە «بائال»نىڭ قالدۇقىنى، «قېمار»لارنىڭ نامىنى كاھىنلار بىلەن بىللە ئۈزۈپ تاشلايمەن»** ــ «بائال» پەلەستىندىكىلەر چوقۇنىدىغان بىر بۇت ئىدى. «بائالنىڭ قالدۇقى» «بائال» دېگەن بۇتقا چوقۇنغانلاردىن قېلىپ قالغان كىشىلەر.
ــ«كاھىنلار» دېگەن خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا ئىشلەيدىغان مەخسۇس «قۇربانلىق قىلغۇچىلار».
ــ«قېمار»لار بولسا ئۆزلىرىنى بۇتلارغا بېغىشلىغان «قۇربانلىق قىلغۇچىلار» ئىدى («2پاد.» 23:23، «ھوش.» 5:10نى كۆرۈڭ). خۇداغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئادەملەر بولسا، «خۇدا «قېمار»لارنى يوقىتىشى مۇقەررەر» دەپ ئويلىسا كېرەك. بىراق بۇ ئاخىرقى جۈملىدىن قارىغاندا **«كاھىنلار»** بىرىنچى بولۇپ ئەيىبلەندى. سۆزگە قارىغاندا ئۇلارمۇ بۇتپەرەس بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇلار «قېمار»لاردىن تېخىمۇ

5 شۇنداقلا ئۆگزىدە تۇرۇپ ئاسماندىكى جىسىملارغا باش ئۇرىدىغانلارنى،
پەرۋەردىگارغا باش ئۇرۇپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، «مالكام»نىڭ نامى بىلەنمۇ قەسەم قىلىدىغانلارنى،
6 پەرۋەردىگاردىن تەزگەنلەرنى،
پەرۋەردىگارنى ئىزدىمەيدىغان ياكى ئۇنىڭدىن يول سورىمىغانلارنىمۇ ئۈزۈپ تاشلايمەن.
7 رەب پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرى ئالدىدا سۈكۈت قىلىڭلار؛
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى يېقىندۇر؛
چۈنكى پەرۋەردىگار قۇربانلىقنى تەييارلىدى،
ئۇ مېھمانلارنى «تاھارەت قىلدۇرۇپ» ھالال قىلدى؛
8 پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىقىنىڭ كۈنىدە شۇنداق بولىدۇكى،
مەن ئەمىرلەرنى، پادىشاھلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ۋە يات ئەللەرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋالغانلارنىڭ ھەممىسىنى جازالايمەن؛

---

ئەيىبلىك، «قېمىلار»غا نىسبەتەن ئۇلار ھەقىقەتنى ئوبدان چۈشىنىشى كېرەك ئىدى.
5:1 ««مالكام»نىڭ نامى بىلەنمۇ قەسەم قىلىدىغانلار...» — دېمىسەكمۇ «مالكام» يەنە بىر بۇت
6:1 يەش. 1:4؛ 13:59؛ يەر. 6:15
7:1 «پەرۋەردىگار قۇربانلىقنى تەييارلىدى، ئۇ مېھمانلارنى «تاھارەت قىلدۇرۇپ» ھالال قىلدى» — تەۋرات دەۋرىدىكى قۇربانلىقلاردىن بەزىلىرىنى يېگىلى بولاتتى، قۇربانلىقلار سۇنۇلغاندا مېھمانلارنى چاقىرىش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. بىراق 8-9-ئايەتتىكە قارىغاندا، مېھمانلارنىڭ ئۆزى بۇ «قۇربانلىق»نىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. ئۇلارنى «تاھارەت قىلدۇرۇش»، مۇشۇ يەردە «ناپاك نەرسىلەردىن ئايرىۋېتىش، يۇيۇش» ياكى «خۇداغا ئايرىۋېتىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزى «قۇربانلىق» بولۇشقا «ھالال» بولىدۇ. «مېھمانلار»نىڭ كۆپىنچىسى بولسا خۇداغا قارشى چىققانلارنىڭ نۇرغۇن جەسەتلىرىنى يەيدىغان، شۇنداقلا ئەسلىدە «ھارام بولغان» قۇشلار ۋە ھايۋاناتلار بولىدۇ («يەش.» 6:34، «يەر.» 10:46، «ئەز.» 39:17-19نىمۇ كۆرۈڭ).
8:1 «مەن ئەمىرلەرنى، پادىشاھلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ۋە يات ئەللەرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋالغانلارنىڭ ھەممىسىنى جازالايمەن» — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، زەفانىيا «پادىشاھنىڭ ئوغلى» ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ئوردىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. مۇشۇنداق «يات ئەللەرنىڭ كىيىملىرىنى (ئەجنەبىيچە كىيىمنى) كىيىۋېلىش» بەلكىم بۇتپەرەسلىككە ياكى تەكەببۇرلۇققا مۇناسىۋەتلىك گۇناھ بولسا كېرەك.

9 شۇ كۈنى مەن بوسۇغىدىن دەسسىمەي ئاتلايدىغانلارنى،
يەنى زۇلۇم-زوراۋانلىق ھەم ئالدامچىلىققا تايىنىپ، خوجايىنلىرىنىڭ
ئۆيلىرىنى تولدۇرىدىغانلارنى جازالايمەن.
10 شۇ كۈنىدە، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار،
«بېلىق دەرۋازىسى»دىن «ۋايداد»،
«ئىككىنچى مەھەللە»دىن ھۆركىرەشلەر،
دۆڭ-ئېگىزلىكلەردىن غايەت زور «گۇم-گۇم» قىلىپ ۋەيران قىلىنغان
ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.
11 «ھۆركىرەڭلار، ئى «ئويمانلىق مەھەللىسى»دىكىلەر؛
چۈنكى «سودىگەر خەلق»نىڭ ھەممىسى قىلىچلاندى،
كۈمۈش بىلەن چىگىدالغانلار قىرىلدى!»
12 ــ ۋە شۇ چاغدا شۇنداق بولىدۇكى،
مەن يېرۇسالېمنى چىراغلار بىلەن ئاختۇرىمەن،
ئارزاڭلىرى ئۈستىدە تىنغان شارابتەك تۇرغان ئەندىشىسىز

9:1 **«شۇ كۈنى مەن بوسۇغىدىن دەسسىمەي ئاتلايدىغانلارنى، يەنى زۇلۇم-زوراۋانلىق ھەم ئالدامچىلىققا تايىنىپ، خوجايىنلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى تولدۇرىدىغانلارنى جازالايمەن»** ــ خۇدا مۇشۇ يەردە پەيغەمبەر ئارقىلىق خۇراپىيلىقنى ئەيىبلىگەن بولسا كېرەك. «ئۆي بوسۇغىسىنى دەسسىمەسلىك كېرەك، يامان بولىدۇ» دېگەنلىك ئېنىق بىر مىسالدۇر. ئۇلار ئەسلىدىنلا تەۋراتتىكى مۇقەددەس قانۇنغا خىلاپ بولغان مۇشۇنداق خۇراپىي ئۇششاق-چۈششەك قائىدىگە رىئايە قىلغىنى بىلەن، زۇلۇمنى ھېچۋەقەسى يوق دەپ قورقماي قىلىۋېرىدۇ.

**9:1** 1سام. 5:4، 5.

**10:1 ««بېلىق دەرۋازىسى»دىن «ۋايداد»، «ئىككىنچى مەھەللە»دىن ھۆركىرەشلەر...»** ــ «بېلىق دەرۋازىسى» ھەم «ئىككىنچى مەھەللە» يېرۇسالېمنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەرنىڭ باشقا ئۈچ تەرىپى تىك يار ئىدى، ھۇجۇم كەلسە دائىم شىمالىي تەرىپىدىن كېلەتتى.

**11:1 «چۈنكى «سودىگەر خەلق»نىڭ ھەممىسى قىلىچلاندى، ...»** ــ بۇ بەلكىم كىنايىلىك گەپ. ئىبرانىي تىلىدا «سودىگەر» ۋە «قانائان» دېگەنلەر ئوخشاش بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىسرائىل خەلقى ئەسلى بۇتپەرەس بولغان «قانائان خەلقى»نى پەلەستىندىن (قانائاندىن) ھەيدىۋەتكەنىدى. بىراق ئىسرائىل ئۆزى ھازىر «خۇدانىڭ خەلقى» ئەمەس، بەلكى «سودىگەر خەلق» ھەم «بۇتپەرەس بىر خەلق» بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان سودىسىمۇ خۇدانىڭ نەزىرىدە ھارام ئوخشايدۇ.

**ئادەملەرنى،**
**يەنى كۆڭلىدە: «پەرۋەردىگار ھېچ ياخشىلىقنى قىلمايدۇ،**
**يامانلىقنىمۇ قىلمايدۇ» دېگەنلەرنى جازالايمەن.**
13 **ئەمدى بايلىقلىرى ئولجا،**
**ئۆيلىرى بەربات بولىدۇ؛**
**ئۇلار ئۆيلەرنى سالغىنى بىلەن،**
**ئۇلاردا تۇرمايدۇ؛**
**ئۈزۈمزارلارنى بەرپا قىلغىنى بىلەن،**
**ئۇلارنىڭ شارابىنى ئىچمەيدۇ.**
14 **پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغ كۈنى يېقىندۇر؛**
**بەرھەق يېقىندۇر، ئىنتايىن تېز يېتىپ كېلىدۇ؛**
**ئاڭلا، پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىنىڭ ساداسى!**
**يېتىپ كەلگەندە پالۋانمۇ ئەلەملىك ۋارقىرايدۇ.**
15 **شۇ كۈنى قەھر ئېلىپ كېلىدىغان بىر كۈن،**
**كۈلپەتلىك ھەم دەرد-ئەلەملىك بىر كۈن،**
**ۋەيرانچىلىق ھەم بەرباتلىق چۈشىدىغان بىر كۈن،**
**زۇلمەتلىك ھەم سۈرلۈك بىر كۈن،**
**بۇلۇتلار ھەم قاپ-قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلانغان بىر كۈن،**
16 **ئىستىھكاملاشقان شەھەرلەرگە، سېپىلنىڭ ئېگىز پوتەيلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان،**
**كاناي چېلىنىدىغان، ئاگاھ سىگنالى كۆتۈرۈلىدىغان بىر كۈن بولىدۇ.**
17 **مەن ئادەملەر ئۈستىگە كۈلپەتلەرنى چۈشۈرىمەن، ــ**

---

12:1 **«ئارزاڭلىرى ئۈستىدە تىنغان شارابتەك تۇرغان ئەندىشىسىز ئادەملەر...»** ــ «ئارزاڭلىرى ئۈستىدە تىنغان شاراب» شاراب تىنىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت مىدىرلىماي تۇرۇشى كېرەك. تىنغان «ئارزاڭلار»، (دۇغ، چۆكۈندە) ناھايىتى ئاچچىق بىر نەرسە، ئەلۋەتتە.

**14:1** يو. 2:10، 31؛ 3:15؛ يەش. 2:12-22؛ 10:13؛ 24:23؛ ئام. 8:9؛ مات. 24:29؛ روس. 2:20؛ ۋەھ. 6:12-13

16:1 **«ئاگاھ سىگنالى كۆتۈرۈلىدىغان بىر كۈن بولىدۇ»** ــ ياكى «جەڭ ۋارقىراشلىرى كۆتۈرۈلىدىغان بىر كۈن بولىدۇ».

ئۇلار قارىغۇلاردەك يۈرىدۇ؛
چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا قارشى گۇناھ قىلدى؛
ئۇلارنىڭ قانلىرى تۇپا-چاڭدەك،
ئۇلارنىڭ ئۈچەي-قېرىنلىرى پوقتەك تۆكۈلىدۇ؛
[18] پەرۋەردىگارنىڭ قەھرى چۈشكەن كۈندە ئالتۇن-كۈمۈشلىرى ئۇلارنى قۇتقۇزالمايدۇ؛
بەلكى پۈتكۈل جاھان ئۇنىڭ غەزەپ ئوتى تەرىپىدىن يەۋېتىلىدۇ؛
چۈنكى ئۇ بارلىق يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ئۈستىگە مۇتلەق بىر هالاكەت،
دەھشەتلىك بىر هالاكەت چۈشۈرىدۇ.

2 [1] يىغىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى يىغىڭلار، ئى نومۇسسىز «يات ئەل»،
[2] يارلىق چىققۇچە،
كۈن توپاندەك تېز ئۆتۈپ كەتكۈچە،
پەرۋەردىگارنىڭ ئاچچىق غەزىپى ئۈستۈڭلەرگە چۈشكۈچە،
پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كېلىدىغان كۈن ئۈستۈڭلارغا چۈشكۈچە،
[3] پەرۋەردىگارنى ئىزدەڭلار، ئى ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئادا قىلغان زېمىندىكى كەمتەرلەر؛
ھەققانىيلىقنى ئىزدەڭلار، كەمتەرلىكنى ئىزدەڭلار؛

---

18:1 **«مۇتلەق بىر هالاكەت، دەھشەتلىك بىر هالاكەت»** ــ ياكى «مۇتلەق بىر هالاكەت، چاقماقتەك بىر هالاكەت».

**18:1** پەند. 4:11؛ ئەز. 19:7؛ زەف. 14:1-16؛ دان. 26:9-27؛ يەش. 22:10-23؛ يەر. 11:30؛ 28:46؛ ناھ. 9:1

1:2 **«يىغىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى يىغىڭلار، ئى نومۇسسىز «يات ئەل»»** ــ «يات ئەل» مۇشۇ يەردە ئىسرائىل خەلقى خۇداغا نىسبەتەن بۇتپەرەس بىر يات ئەلگە ئوخشايدۇ، دېگەنلىك. ئۇلارنىڭ «يىغىلىشى» بەلكىم جامائەتتە بولۇپ دۇئا-تىلاۋەت بىلەن خۇدانى ئىزدەش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئىبرانىي تىلىدىكى «يىغىلىڭلار» دېگەن بۇ پېئىل ئادەتتە پەقەت «پاخال يىغىۋېلىش»نى كۆرسىتىدۇ، بۇ مۇشۇ يەردە ئىنتايىن كىنايىلىك گەپ بولۇپ، ئىسرائىل پاخالدەك بىر خەلق، خۇدانىڭ ئوتىدا تېزلا كۆيدۈرۈلۈش خەتىرىدە تۇرىدۇ، دېگەنلىك (2-ئايەتنى كۆرۈڭ).

ئېھتىمال سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بولغان كۈنىدە پاناھ تاپقان بولىسىلەر.

## ئەللەرنىڭ سوراقىقا تارتىلىشى

4 چۈنكى گازا تاشلانغان بولىدۇ،
ئاشكېلون ۋەيرانە بولىدۇ؛
ئۇلار ئاشدودتىكىلەرنى چۈش بولمايلا ھەيدىۋېتىدۇ؛
ئەكرون يۇلۇپ تاشلىنىدۇ.
5 دېڭىز بويىدىكىلەر، يەنى قېرەت ئېلىدىكىلەرگە ۋاي!
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ساڭا قارشىدۇر، ئى قانائان، فىلىستىيلەرنىڭ زېمىنى!
ئاھالەڭ قالمىغۇچە مەن سېنى ھالاك قىلىمەن.
6 دېڭىز بويى پادىچىلار ئۈچۈن چىمەنزار،
قوي پادىلىرى ئۈچۈن قوتانلار بولىدۇ؛
7 دېڭىز بويى يەھۇدا جەمەتىنىڭ قالدىسى ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ؛
ئاشۇ يەردە ئۇلار ئوزۇقلىنىدۇ؛
ئاشكېلوننىڭ ئۆيلىرىدە ئۇلار كەچ كىرگەندە ياتىدۇ،
چۈنكى پەرۋەردىگار خۇداسى ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلاردىن خەۋەر

---

**3:2** زەب. 27:5؛ 32:5-7

**4:2 «چۈنكى گازا تاشلانغان بولىدۇ، ئاشكېلون ۋەيرانە بولىدۇ؛ ئۇلار ئاشدودتىكىلەرنى چۈش بولمايلا ھەيدىۋېتىدۇ؛ ئەكرون يۇلۇپ تاشلىنىدۇ»** ــ بۇ شەھەرلەر فىلىستىيەدىكى بەش چوڭ شەھەرنىڭ تۆتى. ئۇلارنىڭ تەرتىپى شىمالدىن جەنۇبقا بولۇپ، ھۇجۇم شىمالىي تەرىپىدىن كېلىدىغان ئوخشايدۇ. «ئاشدودنى چۈش بولمايلا ھەيدىۋېتىدۇ» دېگەن جۈملە بەلكىم ھۇجۇم ئەتىگەندە باشلىنىپ چۈش بولغۇچە غەلىبىلىك تاماملىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا بىرخىل چۈشەنچىسى، ھۇجۇم چۈش ۋاقتىدا، يەنى ئادەم ئۇخلىغان ۋاقىتتا قىلىنىدۇ، «ئۇلار ئاشدودتىكىلەرنى چۈشتە ھەيدىۋېتىدۇ» دېگەنلىك.

**5:2 «دېڭىز بويىدىكىلەر، يەنى قېرەت ئېلىدىكىلەرگە ۋاي!»** ــ بۇ سۆزمۇ فىلىستىيلەرگە قارىتىلغان. «قېرەتلەر» بەلكىم «كرېت»دىكىلەر دېگەن مەنىدە. ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى (ئوتتۇرا دېڭىزدىكى) كرېت ئارىلى ئىدى.

ئېلىپ،
ئۇلارنى ئاسارەتتىن ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدۇ.
[8] مەن موئابنىڭ دەشنىمىنى، ئاممونىيلارنىڭ ھاقارەتلىرىنى ئاڭلىدىم؛
ئۇلار شۇنداق قىلىپ مېنىڭ خەلقىمنى مازاق قىلىپ،
ئۇلارنىڭ چېگرالىرىنى پايمال قىلىپ ماختىنىپ كەتتى.
[9] شۇڭا مەن ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ئىسرائىلنىڭ خۇداسى،
موئاب جەزمەن خۇددى سودومدەك،
ئاممونىيلار خۇددى گومورRادەك بولىدۇ ــ
 يەنى چاققاقلار ۋە شورلۇقلار قاپلانغان جاي، دائىم بىر چۆل-جەزىرە بولىدۇ؛
ھەم خەلقىمنىڭ قالدىسى ئۇلاردىن ئولجا ئالىدۇ،
قوۋمىمنىڭ قالغانلىرى بۇلارغا ئىگە بولىدۇ.
[10] ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن بۇ ئىش بېشىغا كېلىدۇ،
چۈنكى ئۇلار ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىنى مازاق قىلىپ ماختىنىپ كەتتى.
[11] پەرۋەردىگار ئۇلارغا دەھشەتلىك بولىدۇ؛
چۈنكى ئۇ يەر يۈزىدىكى بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن ئەللەر، بارلىق چەت ئاراللاردىكىلەر ھەربىرى ئۆز جايىدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ.
[12] ئى ئېفىئوپىيىلەر، سىلەرمۇ مېنىڭ قىلىچىم بىلەن ئۆلتۈرۈلىسىلەر.

---

7:2 **«ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ،...»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «ئۇلارنى يوقلاپ...» دېگەن سۆزلەر بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

9:2 **«موئاب جەزمەن خۇددى سودومدەك، ئاممونىيلار خۇددى گومورRادەك بولىدۇ...»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدا بولۇشى مۇمكىنكى، خۇدا سودوم ۋە گومورRا شەھەرلىرىنى رەزىللىكلىرى تۈپەيلىدىن ئاسماندىن ئوت چۈشۈرۈپ ۋەيران قىلىۋەتكەن.

12:2 **«ئى ئېفىئوپىيىلەر، سىلەرمۇ مېنىڭ قىلىچىم بىلەن ئۆلتۈرۈلىسىلەر»** ــ بۇ بېشارەتتىن تەخمىنەن 80 يىلدىن كېيىن «كامبىسىس II» ئېفىئوپىيەگە تاجاۋۇز قىلدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى

13 ئۇ قولىنى سوزۇپ شىمالغا تەگكۈزۈپ، ئاسۇرىيەنى هالاك قىلىدۇ،
نىنەۋە شەھىرىنى ۋەيرانە، چۆل-باياۋاندەك قەھەتچىلىك جاي
قىلىدۇ.
14 ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چارۋا پادىلىرى،
شۇنداقلا هايۋانلارنىڭ هەرخىللىرى ياتىدۇ؛
چۆل هۇۋقۇشى، چىرقىرىغۇچى هۇۋقۇشلار ئۇنىڭ تۈۋرۈك باشلىرىدا
قونىدۇ؛
دېرىزىلىرىدىن سايراشلار ئاڭلىنىدۇ؛
بوسۇغىلىرىدا ۋەيرانىلىق تۇرىدۇ؛
چۈنكى ئۇ بۇنىڭ كېدىر ياغاچ نەقىشلىرىنى ئوچۇقچىلىقتا
قالدۇرىدۇ؛
15 مانا بۇ ئەندىشىسىز ياشاپ كەلگۈچى شاد-خۇرام شەھەر،
كۆڭلىدە: «مەنلا باردۇرمەن، مەندىن باشقا بىرى يوقتۇر» دېگەن
شەھەر ــ
ئۇ شۇنچىلىك بىر ۋەيرانە، هايۋانلارنىڭ بىر قونالغۇسى بولۇپ
قالدىغۇ!
ئۇنىڭدىن ئۆتتۈۋاتقانلارنىڭ هەممىسى ئۇشقىرتىدۇ،
قولىنى سىلكىيدۇ.

---

525-يىلى). بېشارەت بۇ ۋەقەنى ياكى بولمىسا ئاخىرقى زاماندىكى بىر ۋەقەنى كۆرسىتىشى كېرەك.

13:2 **«ئۇ قولىنى سوزۇپ شىمالغا تەگكۈزۈپ، ئاسۇرىيەنى هالاك قىلىدۇ، نىنەۋە شەھىرىنى ۋەيرانە، چۆل-باياۋاندەك قەھەتچىلىك جاي قىلىدۇ»** ــ بۇ بېشارەتلەر (12-15-ئايەتلەر) زەفانىيانىڭ سۆزلىرىدىن پەقەت بىرنەچچە يىلدىن كېيىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 612-يىلى، بۈيۈك ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى پايتەختى نىنەۋە بىلەن بىللە پۈتۈنلەي بەربات قىلىندى. ئېفىئوپىيە باشقا يۇرتلاردىن يىراق بولسىمۇ، قاتتىق هۇجۇمغا ئۇچرىدى (12-ئايەت). زەفانىيانىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» توغرۇلۇق بولغان بېشارەتلىرى هەم باشقا بېشارەتلىرىنىمۇ بەرىبىر ئاخىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، دەپ بىلگەن بولدى.

15:2 **«ئۇنىڭدىن ئۆتتۈۋاتقانلارنىڭ هەممىسى ئۇشقىرتىدۇ، قولىنى سىلكىيدۇ»** ــ بۇ هەرىكەتلەر بەلكىم هەيران بولغانلىق ياكى مازاق قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

## يېرۇسالېمنىڭ سوراقتا تارتىلىشى

3 [1] ئاسىيلىق قىلغۇچى، بۇلغانغان، جەبىر-زۇلۇم يەتكۈزگۈچى
شەھەرگە ۋاي!
[2] ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىدى، تەربىيىنى قوبۇل قىلمىدى؛
پەرۋەردىگارغا تايانمىدى، خۇداسىغا يېقىنلاشمىدى.
[3] ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسى ھۆركىرەيدىغان
شىرلار،
ئۇنىڭ سوراقچىلىرى بولسا كەچلىكى ئوۋلايدىغان، ئەتىگىنى
غاجىلىغۇدەك ھېچنەرسە قالدۇرمايدىغان بۆرىلەردۇر؛
[4] ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋەزىنسىز، ئاسىي كىشىلەر؛
ئۇنىڭ كاھىنلىرى مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى بۇلغايدىغانلار،
تەۋرات-قانۇنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلار.
[5] ھەققانىي پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىدۇر؛
ئۇ ھېچ ھەققانىيەتسىزلىك قىلمايدۇ؛
ھەر ئەتىگەندە ئادىل ھۆكۈمىنى ئايان قىلىدۇ؛
ھۆكۈمىدە كەمچىلىك يوقتۇر؛

---

2:3 «**ئاسىيلىق قىلغۇچى، بۇلغانغان، جەبىر-زۇلۇم يەتكۈزگۈچى شەھەرگە ۋاي! 1-ئايەت ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىدى، تەربىيىنى قوبۇل قىلمىدى**» ــ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغۇچى يېرۇسالېمدىكىلەر بەلكىم زەفانىيا يەنە ئاسۇرىيەنىڭ گۇناھلىرىنى ئەيىبلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق كېيىنكى سۆزلىرىدىن ئاڭلىغۇچىلار تۇيۇقسىز: «ئۇنىڭ ئەيىبلىگىنى نىنەۋە ئەمەس، بەلكى بىز يېرۇسالېمدىكىلەر ئىكەنمىز!» دەپ ھەيران قالغان، شۇنداقلا خاپا بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.
—«ئاۋاز»نىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى زەفانىيا پەيغەمبەر دېمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ دۇنيادا ئاڭلىغۇدەك پەقەت بىرلا ئاۋاز بار، يەنى پەرۋەردىگارنىڭكىدۇر.
3:3 پەند. 15:28؛ ئەز. 27:22
4:3 «**ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋەزىنسىز، ئاسىي كىشىلەر؛ ئۇنىڭ كاھىنلىرى مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى بۇلغايدىغانلار**» ــ «پەيغەمبەرلىرى» ساختا پەيغەمبەرلەر، ئەلۋەتتە. «كاھىنلار» مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا پۇقرالار ئۈچۈن مەخسۇس قۇربانلىقنى كۆيدۈرگۈچى خادىملار.
4:3 يەر. 11:23، 32؛ ھوش. 7:9.

بىراق نامەرد ئادەم ھېچ نومۇسنى بىلمەيدۇ.

6 — مەن ئەللەرنى ئۈزۈپ تاشلىۋەتكەنمەن،
ئۇلارنىڭ ئىستىھكام پوتەيلىرى ۋەيراندۇر؛
كوچىلىرىنى ھېچبىر ئادەم ئۆتمىگۈدەك قىلىپ خارابە قىلغانمەن؛
شەھەرلىرى ئادەمزاتسىز، ھېچ تۇرغۇچىسى يوق قىلىنىپ ھالاك بولغان.
7 مەن: «پەقەت مەندىن قورقۇڭلار، تەربىيىنى قوبۇل قىلىڭلار» — دېدىم.
شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا ھەممە بېكىتكەنلىرىم چۈشۈرۈلمەي،
ماكانى ھېچ خانىۋەيران بولماس.
بىراق ئۇلار بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممە ئىشلىرىنى ھارام قىلىۋەتتى.

## بارلىق ئەللەرنىڭ سوراقتا تارتىلىشى

8 شۇڭا مېنى كۈتۈڭلار، — دەيدۇ پەرۋەردىگار،
مەن گۇۋاھلىق بېرىشكە ئورنۇمدىن قوزغالغان كۈنگىچە —
چۈنكى مېنىڭ قارارىم — ئەللەرنى يىغىش،

---

5:3 **«ھۆكۈمدە كەمچىلىك يوقتۇر»** — ياكى «ئۇ (پەرۋەردىگار) ھۆكۈملىرىنى ئادا قىلماي قالمايدۇ».
5:3 قان. 4:32
6:3 **«مەن ئەللەرنى ئۈزۈپ تاشلىۋەتكەنمەن، ئۇلارنىڭ ئىستىھكام پوتەيلىرى ۋەيراندۇر .... شەھەرلىرى ئادەمزاتسىز، ھېچ تۇرغۇچىسى يوق قىلىنىپ ھالاك بولغان»** — يات ئەللەر ئارىسىدىكى بۇ ۋەقەلەر، شۈبھىسىزكى، ئىسرائىلغا ساۋاق، ئاگاھ ۋە مىسال بولۇشى كېرەك ئىدى.
7:3 **«شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا ھەممە بېكىتكەنلىرىم چۈشۈرۈلمەي، ماكانى ھېچ خانىۋەيران بولماس. بىراق ئۇلار بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممە ئىشلىرىنى ھارام قىلىۋەتتى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ھەممە جازالىرى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ماكانى ھېچ ئۈزۈلمەيدۇ». **«بىراق ئۇلار بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممە ئىشلىرىنى ھارام قىلىۋەتتى»** — دېمەك، تىلغا ئېلىنغان «ھارام ئىشلار»نى قىلىشقا ناھايىتى ئالدىراۋاتقاندى.

پادىشاھلىقلارنى جەم قىلىشتىن ئىبارەتكى،
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قەھرىمنى،
ھەممە دەھشەتلىك ئاچچىقىمنى بېشىغا تۆكۈش ئۈچۈندۇر.
چۈنكى يەر يۈزىنىڭ ھەممىسى ئاچچىق غەزىپىمنىڭ ئوتى بىلەن
كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ.

## ئىسرائىلنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى، ئەللەرنىڭ خۇدانىڭ يېنىغا كېلىشى

[9] چۈنكى شۇ تاپتا بارلىق ئەللەرنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا نىدا
قىلىپ چاقىرىشى ئۈچۈن،
ئۇنىڭ خىزمىتىدە بىر جان بىر تەن بولۇشى ئۈچۈن،
مەن ئۇلارنىڭ تىلىنى ساپ بىر تىلغا ئايلاندۇرىمەن،
[10] چۈنكى ئېفىئوپىيە دەريالىرىنىڭ نېرىسىدىن مېنىڭ دۇئا-
تىلاۋەتچىلىرىم،
يەنى مەن تارقاتقانلارنىڭ قىزى،
ماڭا سۇنۇلغان ھەدىيەنى ئېپكېلىدۇ.

## ئىسرائىلنىڭ خۇدانىڭ روھىدا «قايتىدىن تۇغۇلۇشى»

[11] شۇ كۈنى سەن ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بارلىق قىلمىشلىرىڭ
تۈپەيلىدىن ئىزا تارتىپ قالمايسەن؛
چۈنكى شۇ تاپتا مەن تەكەببۇرلۇقۇڭدىن خۇشاللىنىپ كەتكەنلەرنى

---

8:3 **«مەن گۇۋاھلىق بېرىشكە ئورنۇمدىن قوزغالغان كۈنگىچە...»** — «گۇۋاھچىلىق بېرىشكە...» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «مەن ئولجىنى ئېلىشقا...».
10:3 **«ئېفىئوپىيە دەريالىرىنىڭ نېرىسى...»** — ئېفىئوپىيە ناھايىتى چەت جاي بولۇپ، تولا قىلىش پۈرستى جاھاننىڭ چەتلىرىگىچە بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدىغان بىر مىسالدۇر. **«مېنىڭ دۇئا-تىلاۋەتچىلىرىم، يەنى مەن تارقاتقانلارنىڭ قىزى...»** — بەلكىم تارقىلىپ كەتكەن، ئەمما تولا قىلغان ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» شۇنچە دەھشەتلىك بولغىنى بىلەن (8-ئايەت)، 9-10-ئايەتتىكى بېشارەتلەر خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ھەتتا شۇ كۈندىمۇ ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاراڭدىن ئېلىپ تاشلايمەن،
شۇنىڭ بىلەن سەن مۇقەددەس تېغىم تۇپەيلىدىن ھالىڭنى ئىككىنچى چوڭ قىلمايسەن؛
12 ۋە مەن ئاراڭدا كەمتەر ھەم مىسكىن بىر خەلقنى قالدۇرىمەن،
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا تايىنىدۇ.
13 ئىسرائىلنىڭ قالدىسى نە قەبىھلىك قىلمايدۇ،
نە يالغان سۆزلىمەيدۇ،
نە ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئالدامچى تىل تېپىلمايدۇ؛
ئۇلار بەلكى ئوزۇقلىنىپ، ياتىدۇ،
ھېچكىم ئۇلارنى قورقۇتمايدۇ.

## ئىسرائىلنىڭ قايتىدىن يىغىلىشى ـ ئاخىرقى زاماندىكى شاد-خۇراملىق بىر كۈي

14 ياىراپ-ياشنا، ئى زىئون قىزى!
تەنتەنە قىلىپ ۋارقىرا، ئى ئىسرائىل!
پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن خۇشال بولۇپ شادلان، ئى يېرۇسالېمنىڭ قىزى!
15 پەرۋەردىگار سېنى جازالايدىغان ھۆكۈملەرنى ئېلىپ تاشلىدى،
دۈشمىنىڭنى قايتۇرۇۋەتتى؛
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى پەرۋەردىگار ئاراڭدىدۇر؛
يامانلىقنى ئىككىنچى كۆرمەيسەن.
16 شۇ كۈنى يېرۇسالېمغا ئېيتىلىدۇكى،
«قورقما، ئى زىئون!

11:3 **«مۇقەددەس تېغىم تۇپەيلىدىن»** ــ ياكى «مۇقەددەس تېغىمدا» ياكى «مۇقەددەس تېغىم ئۈستىدە».
13:3 **«ئىسرائىلنىڭ قالدىسى نە قەبىھلىك قىلمايدۇ»** ــ «ئىسرائىلنىڭ قالدىسى» تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان تېما ياكى ماۋزۇدۇر. ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى خۇدادىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن، ئۇزىگە سادىق بىر «قالدى»نىڭ ھامان ھەردائىم تېپىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.
**14:3** زەك. 9:9

**قوللىرىڭ بوشاپ، ساڭگىلاپ كەتمىسۇن!**
**[17] پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئاراڭدا،**
**قۇتقۇزىدىغان قۇدرەت ئىگىسىدۇر!**
**ئۇ شادلىق بىلەن ئۈستۈڭدە شادلىنىدۇ؛**
**ئۆز مېھىر-مۇھەببىتىدە ئارام ئالىدۇ؛**
**ئۈستۈڭدە ناخشىلار ئېيتىپ يايراپ-ياشنايدۇ.**
**[18] جەمئىيەت سورۇنلىرىدىكى نومۇسسىز ئىبادەت تۈپەيلىدىن ئاراڭلاردىن ئازابلانغانلارنى يىغىمەن؛**
**بۇلارنىڭ شەرمەندىلىكلىرى ئۇلارغا ئېغىر كېلەتتى.**
**[19] مانا، مەن شۇ تاپتا سېنى خارلىغانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تەرەپ قىلىمەن،**
**ئاقساق بولغان قىزنى قۇتقۇزىمەن**
**تالاغا ھەيدىۋېتىلگەن قىزنى يىغىمەن؛**
**دەل ئۇلار خورلانغان بارلىق زېمىنلاردا ئۇلارنى ئۆزۈمگە مەدھىيە كەلتۈرگۈچى، شۆھرەت بولغۇچى قىلىپ تىكلەيمەن.**
**[20] مەن شۇ تاپتا، يەنى سىلەرنى يىغقان ۋاقىتتا، سىلەرنى ئۆيگە ئېپكېلىمەن؛**
**چۈنكى مەن كۆز ئالدىڭلاردا سىلەرنى ئاسارەتتىن ئازادلىققا چىقارغىنىمدا،**

---

18:3 **«جەمئىيەت سورۇنلىرىدىكى نومۇسسىز ئىبادەت تۈپەيلىدىن ئاراڭلاردىن ئازابلانغانلارنى يىغىمەن؛ بۇلارنىڭ شەرمەندىلىكلىرى ئۇلارغا ئېغىر كېلەتتى»** ــ ئايەتنىڭ بىرنەچچە تەرجىمىلىرى بار. بىزنىڭچە مەنىسى شۇكى، ئىبادەت سورۇنلىرىدا بولغان ساختىپەزلىك، ئار-نومۇسسىزلىقلار سورۇنغا قاتناشقان ئىخلاسمەنلەرنى ناھايىتى ئازابلىغان، ئۇلار بۇنىڭغا چىدىماي مۇشۇ ھېيتلارغا، ئىبادەت سورۇنلىرىغا قاتناشماي تارقىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا خۇدا: «مەن ئۇلارنى يىغىمەن» ــ دەيدۇ. «يەش.» 13:1نى كۆرۈڭ.
19:3 **«ئاقساق بولغان قىزنى قۇتقۇزىمەن تالاغا ھەيدىۋېتىلگەن قىزنى يىغىمەن»** ــ «قىز» مۇشۇ يەردە ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ. **«... ئۇلارنى ئۆزۈمگە مەدھىيە كەلتۈرگۈچى، شۆھرەت بولغۇچى قىلىپ تىكلەيمەن»** ــ ياكى «... ئۇلارنى تەرىپلەش ئوبيېكتى ۋە نام-شۆھرەتلىك قىلىپ تىكلەيمەن».

سىلەرنى يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر ئارىسىدا شۆھرەتلىك، ئۆزەمگە مەدھىيە كەلتۈرگۈچى قىلىمەن،
ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.

20:3 **«سىلەرنى ...شۆھرەتلىك، ئۆزەمگە مەدھىيە كەلتۈرگۈچى قىلىمەن»** ــ ياكى «سىلەرنى... نام-شۆھرەتلىك ۋە تەرىپلەش ئوبيېكتى قىلىمەن».

# قوشۇمچە سۆز

روشەنكى، زەفانىيا: «ئەمدى تەختىمىزدە ئادىل بىر پادىشاھ ئولتۇرىدۇ، ھەممە ئىش جايىغا چۈشىدۇ» دېگەندەك ھەرقانداق ئاددىي بىر خىيالغا يول قويمايتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى بېشارىتى دەرۋەقە يەر يۈزىدىكى بارلىق رەزىللىككە قارىتىلغان: —

«مەن يەر يۈزىدىن ھەممىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
— ئىنسان ھەم ھايۋاننى قۇرۇتۇۋېتىمەن،
ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار ھەم دېڭىزدىكى بېلىقلارنى،
بارلىق پۇتلىكاشاڭلارنى رەزىل ئادەملەر بىلەن تەڭ قۇرۇتۇۋېتىمەن،
ئىنسانىيەتنى يەر يۈزىدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار.
— شۇنىڭ بىلەن مەن يەھۇدا ئۈستىگە،
بارلىق يېرۇسالېمدىكىلەر ئۈستىگە قولۇمنى سوزىمەن؛
مۇشۇ يەردە «بائال»نىڭ قالدۇقىنى،
«قېمار»لارنىڭ نامىنى كاھىنلار بىلەن بىللە ئۈزۈپ تاشلايمەن؛
شۇنداقلا ئۆگزىدە تۇرۇپ ئاسماندىكى جىسىملارغا باش ئۇرىدىغانلارنى،
پەرۋەردىگارغا باش ئۇرۇپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، «مالكام»نىڭ نامى بىلەنمۇ قەسەم قىلىدىغانلارنى،
پەرۋەردىگاردىن تەزگەنلەرنى،
پەرۋەردىگارنى ئىزدىمەيدىغان ياكى ئۇنىڭدىن يول سورىمىغانلارنىمۇ ئۈزۈپ تاشلايمەن» (1:2-6).

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھەققانىي بىر ھۆكۈمدارنىڭ بولغىنى ھەققانىي بىر ئەلنىڭ بولىدىغانلىقىغا كاپالەت ئەمەس. پەقەت پۈتكۈل بىر ئەل ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇلاردىن «تارازا باسقۇدەك» بىر قىسىم ئادەملەر خۇدانى ئىزدىگەن بولسا، ئاندىن خۇدا شۇ ئەلنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭشىشى مۇمكىن (خۇدا ئىبراھىمغا: «سودوم شەھىرىدە ھەققانىي ئادەمدىن ئەللىكى بولسا، مەن ئۇنى (شەھەرنى) ھالاك قىلمايمەن» — دېدى («يار.»، 18:16-33نى كۆرۈڭ).

بارلىق ئۇقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە ئەرزىيدۇكى، 2-4-6-ئايەت بويىچە، خۇدانىڭ جازالىرى تۆت خىل ئادەملەرنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ: —

(1) «شۇنداقلا ئۆگزىدە تۇرۇپ ئاسماندىكى جىسىملارغا باش ئۇرىدىغانلارنى، پەرۋەردىگارغا باش ئۇرۇپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، «مالكام»نىڭ نامى بىلەنمۇ قەسەم قىلىدىغانلارنى» ــ بۇتپەرەسلەر، يەنى خۇدانىڭ ئورنىغا ھەرقانداق باشقا ئىش-نەرسە (مەسىلەن، يۇلتۇز، قۇياش، پۇل، ھوقۇق، نام-شۆھرەت، شەخسىي ياكى ئائىلىدىكى بەخت)نى قويغانلار؛

(2) «پەرۋەردىگاردىن تەزگەنلەر» ــ رەب پەرۋەردىگارنى تونۇغان بىراق ئۇنىڭ يولىدىن ۋاز كەچكەنلەر؛

(3) «پەرۋەردىگارنى ئىزدىمەيدىغانلار»؛

(4) «ئۇنىڭدىن يول سورىمىغانلار».

خۇدانىڭ مەقستى، ھەربىرىمىزنىڭ مېھىر-مۇھەببەتلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى تونۇپ-بىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ھەممىمىزنى مېھرىبانلىقىنىڭ توختاۋسىز ئىپادىلىرى بىلەن ئۆزىگە ئۇزلۇكسىز جەلپ قىلماقتا؛ ھېچقايسىمىز ھەركۈنى ئۇنىڭ ئىلتىپاتلىرىدىن بەھرىمەنسىز ئەمەسمىز. بۇ سوۋغىلار سوۋغا بەرگۈچىنى ئىزدەشكە تۈرتكە بولمىسا، ئەمدى بىز دۇنيادا ئەك بىپەرۋا ۋە نادان كىشىلەر بولۇپ قالمايمىزمۇ؟ «.. خۇدانىڭ مېھرىبانلىقىنىڭ سېنى توۋا قىلىش يولىغا باشلايدىغانلىقىنى ھېچ بىلمەي، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى، كەڭ قورساقلىقى ۋە سەۋر-تاقىتىنىڭ مولۇلۇقىغا سەل قاراۋاتامسەن؟» («رىم.» 4:2). قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىزچۇ؟ ئۆزىڭىز خۇدانى ئىزدىدىڭىزمۇ؟ ئىزدىمىگەن بولسىڭىز، سىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭىزدىكى نىشان يوق بىر نەرسىنى قوغلاشقا باراۋەر ئەمەسمۇ، ھاياتلىقىڭىز مۇتلەق ئىسراپ بولغان ئەمەسمۇ؟

## خۇدا ناخشا ئېيتامدۇ؟

3-باب، 17-ئايەتتىكى جاۋاب شۇكى، ئۇ ناخشىلارنى ئېيتىدۇ (بەزى تەرجىمىلىرى «تەنتەنىلىك بىلەن نىدا قىلىدۇ»). خۇدا ئىنسانىنى ئۆزى ئۈچۈن ياراتقان؛ ئىنسان باللىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەقىقىتىدىن، مېھىر-شەپقىتىدىن بولغان شادلىقى خۇدانىڭ ئۆزىگە شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك خۇدانىڭ شادلىقىغا تەشنا بولۇپ ئۇنى نىشان قىلغانلار ئۈچۈن ھەممە ئىشلار شادلىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. رەب ئەيسا مەسىھ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ خۇشاللىقىم سىلەردە بولسۇن ۋە شۇنىڭدەك خۇشاللىقىڭلار تولۇپ تاشسۇن دەپ، مەن بۇلارنى سىلەرگە ئېيتتىم... ھازىرغىچە مېنىڭ نامىم بىلەن ھېچنېمە تىلىمىدىڭلار. ئەمدى تىلەڭلار، ئېرىشىسىلەر، بۇنىڭ بىلەن شادلىقىڭلار تولۇپ تاشىدۇ!» («يۇھ.» 11:15، 24:16).

تەۋرات 37-قىسىم

# «ھاگاي»

## (ھاگاي پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

## كىرىش سۆز

### پەيغەمبەر توغرىسىدا

ھاگاي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ شەخسىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرۇلۇق ئېنىق خاتىرىلىرىمىز يوق.

### يېزىلغان ۋاقتى

كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق قىلچە گۇمان يوق. ھاگاي بىزگە ئۇقتۇرىدۇكى، ئۇ مەزكۇر بېشارەتلەرنى پارس ئىمپېراتورى دارىئۇس (خىسپاستىس)نىڭ ئىككىنچى يىلىدا قوبۇل قىلغان. ئاسترونومىيەلىك ئۇچۇردىن شۇ يىلنىڭ دەل مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 520-يىلى ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولىدۇ.

### كىتابنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

دېمەك، كىتاب مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 520-يىلى يېزىلغان. ئىسرائىل خەلقى بابىل ئىمپېرىيەسىگە 70 يىل سۈرگۈن بولۇش ئازابىنى تارتقانىدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-538-يىللار). يەشايا پەيغەمبەر ئىسرائىلنىڭ بابىلدا مۇشۇنداق سۈرگۈن بولىدىغانلىقىنى ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئالدىنئالا ئېيتقانىدى. يەرەمىيا پەيغەمبەرمۇ سۈرگۈن بولۇش ۋاقتىنىڭ 70 يىل بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتقانىدى. يەشايا

پەيغەمبەر يەنە خۇدانىڭ «قورەش» ئىسىملىك بىر پارس ئىمپېراتورىنى تەختكە ئولتۇرغۇزىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتقان. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ ئىمپېراتور سۈرگۈن قىلىنغان كىشىلەرگە ۋەتىنىگە قايتىشقا رۇخسەت بېرىدۇ ۋە ھەتتا پەرۋەردىگارنىڭ بابىللار ۋەيران قىلغان ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن قۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ.

دەل يەشايا ۋە يەرەمىيا ئالدىنئالا ئېيتقاندەك، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى بابىل ئىمپېرىيەسى پارس ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن غۇلىتىلدى. يەشايا ھەتتا بۇ ئىمپېراتورنىڭ ئىسمى «قورەش»نى ئالدىنئالا ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ دېگىنىدەك «بۈيۈك قورەش» سۈرگۈن بولغانلارغا ۋەتىنىگە، يەنى پەلەستىنگە قايتىشقا رۇخسەت بېرىپ ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرۇشنى بۇيرۇدى. ھالبۇكى، پەقەت چەكلىك بىر قىسىم ئادەملەرلا شۇنداق قىلىشنى تاللىۋالدى. قالغان كىشىلەر مېسوپوتامىيەدە تۇرۇۋەردى. ئۇلار شۇ يەرنىڭ راھەت تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغان، ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق ھاياتىنى سودىگەرلىككە ئالماشتۇرغان بىر خەلق بولۇپ قالغانىدى. بۇ ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىشىشى بىلەن يەھۇدىي خەلقىنىڭ سودا قىلىش قابىلىيىتىنىڭ داڭقى چىققان.

قايتىپ كەلگەن كىشىلەر («خۇدانىڭ قالدىسى» ياكى «خەلقىنىڭ قالدىسى») زور ئۈمىدلەر بىلەن قايتتى؛ يەشايا، يەرەمىيا ۋە ئەزاكىيال پەيغەمبەرلەر «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» ۋە ئۇنىڭ تىلسىمات ساماۋى پادىشاھلىقى توغرۇلۇق كارامەت بېشارەتلەرنى بەرگەنىدى. كىشىلەرنىڭ «بۇ بېشارەتلەر تېزلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلامدىكىن» دەيدىغان زور ئۈمىدلىرى بار ئىدى. بىراق ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئۆيلىرىنى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قايتا قۇرۇشتىكى جاپالىق ئىشلارغا يۈزلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى ئەللەر ئۇلارغا كۆپ ئاۋارىچىلىك سېلىپ بەردى. ئىسرائىل ئۆزى مۇستەقىل دۆلەت ئەمەس ئىدى، بەلكى پارس ئىمپېرىيەسىگە بېقىندى ئىدى («ئەزرا»، 1-3-باب).

ئەسلىدە سۇلايمان سالغان «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»نىڭ قايتا قۇرۇلۇشىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 535-يىلى ئىش باشلانغان بولسىمۇ، بىراق خەلق ئۇنىڭدىن تېزلا قول ئۈزگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قايتا قۇرۇشمۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن ئېغىرى شۇكى، ئەتراپتىكى ئەللەر ئىبادەتخانا توغرۇلۇق: «بۇ ئىشلار ئىسيانىنىڭ باشلىنىشى» دېگەندەك غەيۋەت-شىكايەتلەرنى چىقارغان،

كېيىنكى پارس ئىمپېراتورى «ئارتاكسەركسىس» (ياكى «ئارتاخشاشتا») ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكەن ھەمدە قۇرۇلۇشنى دەرھال توختىتىش كېرەك دېگەن يارلىقنى چۈشۈرگەنىدى. بۇنى ئاز دەپ، سۇلايمان قۇرغان ئەسلى ئىبادەتخانىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرگەن بەزى مويسىپىتلارنىڭ ئۇنى ئەسلەپ: «ھازىر سالىدىغان بۇ ئۆي ئەسلىدىكى شەرەپلىك ئۆيگە سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ» دېگەنلىرى خەلقنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق سۇ سەپكەنىدى. قۇرۇلۇش 15 يىل توختىتىپ قويۇلغانىدى.

بىراق يەشايانىڭ 200 يىل ئىلگىرىكى بېشارىتى بويىچە روشەنكى، ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىدى. خۇدا ئىككى ئادەمنى، يەنى ھاگاي ۋە زەكەرىيا پەيغەمبەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. گەرچە ئىمپېراتورنىڭ «توختىتىش يارلىقى» چۈشۈرگەنلىكى تۇپەيلىدىن، قايتا قۇرۇلۇش قىلغۇچىلارنىڭ جازاغا ئۇچراش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، ئىككى پەيغەمبەر خەلققە: ــ ئۇ مۇقەددەس ئىش پۈتمىسە بولمايدۇ دەپ، كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى يەتكۈزدى. بولۇپمۇ ھاگاي پەيغەمبەر ئۇلارغا كۆرسىتىدۇكى، ئۇلار خۇدانىڭ ئېنىق ئايان قىلغان ئىرادىسى بويىچە قىلمىغانلىقىدىن، ھەرخىل قىيىنچىلىق ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن. زىرائەتلەرگە چېكەتكە، ھال چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىقتىسادىي ئىشلىرىدا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇلارنى دائىم ئاچ قالدۇرىدۇ. بىراق ئۇلار ئەگەر ھازىر خۇدانىڭ مېھرىبانلىقىغا ئىشىنىپ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئۆيىنى قۇرۇشقا كىرىشكەن بولسا، ئەمدى ئۇ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭشاپ، بەرىكەتلەيتتى.

بۇ خەلقلەر ھەر دەۋردە ئەسلىنىپ تەرىپلىنىشكە لايىقكى، ئۇلار خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەيدىغانلىقىغا ھېچ تاشقى ئىسپات بولمىغان ئەھۋالدا، جان-دىل بىلەن خۇدانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ قۇرۇلۇشقا كىرىشتى. خۇدا ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ھەيران قالارلىق يولدا تەستىقلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئىمپېراتور ئۆزى خانلىق يىلنامىلەرنى تەكشۈرتۈپ قورەشنىڭ ئون ئالتە يىل ئىلگىرىكى ئىبادەتخانىنى قۇرۇش توغرۇلۇق يارلىقىنى تېپىپ، ئىشنى تېزلا پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز خەزىنىسىدىن كۆپ مەبلەغ ئاجراتتى (تەۋرات، «ئەزرا»، 4-6-باب). ھاگاينىڭ بېشارىتىنىڭ شۇنداق تەستىقلىنىشى خەلقنىڭ ئىشەنچ-ئېتىقادىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. پەقەت تۆت يېرىم يىل ئىچىدىلا ئۇلار بىنانى پۈتكۈزدى.

ھاگاي پەيغەمبەر يەنە «بۇ ئۆينىڭ كېيىنكى شان-شەرپى ئەسلىدىكىدىن زور بولىدۇ» دېگەن بېشارەتنى بەرگەندى.

مانا بۇ ئەمدى ھاگايغا تاپشۇرۇلغان ۋەھيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر. تۆۋەندە كۆرىدىغىنىمىزدەك، ئۇنىڭ بېشارەتلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ مەسىلىلەردىن ئۆتۈپ ئاخىرقى زاماندىكى ئۇلۇغ ۋەقەلەرگە، خۇدانىڭ سەلتەنىتىنىڭ شان-شۆھرىتىگە ئاتالايدۇ. بىز بۇ ئىشلار ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە ئازراق توختىلىمىز.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى نۇقتىلار: —

(1) ھاگاي بېشارەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى، بەلكى خۇدانىڭ ئېيتقانلىقىنى: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ...»، «رەب خۇدا مۇنداق دېدى» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن 20 قېتىم بىزگە ئەسلىتىدۇ.

(2) خۇدانىڭ كۆرسەتمىسىنى ئادا قىلىشتا كېچىكتۈرۈش خەتەرلىك.

(3) كىتابتا ئۈچ كۈندە ئېيتىلغان تۆت ئايرىم بېشارەت بار.

## مەزمۇن: —

(1) (15-1:1) — بىرىنچى ۋەھيي: ئەيىب ۋە ئۇنى تۈزىتىش يولى

(2) (9-1:2) — ئىككىنچى ۋەھيي: مەيۈسلىنىش، رىغبەتلەندۈرۈش

(3) (19-10:2) — ئۈچىنچى ۋەھيي: تەنبىھ؛ بەرىكەتنى ئاتا قىلىش ۋەدىسى

(4) (23-11:2) — تۆتىنچى ۋەھيي: ئاخىرقى زامان — ئەللەرنى زىلزىلىگە سېلىش، زەرۇببابەلنىڭ بەختى

# ھاگاي

## بىرىنچى ۋەھىي ۋە خەلقنىڭ ئىنكاسى

1 [1] دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئالتىنچى ئاينىڭ
بىرىنچى كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ھاگاي پەيغەمبەر ئارقىلىق
شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى، يەھۇدانىڭ ۋالىيسى زەرۇببابەلگە ھەم
يەھوزاداكنىڭ ئوغلى، باش كاھىن يەشۇئاغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە:
—
[2] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: —
بۇ خەلق: «ۋاقتى كەلمىدى، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى قۇرۇش ۋاقتى
تېخى كەلمىدى» — دەيدۇ.
[3] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ھاگاي پەيغەمبەر ئارقىلىق كېلىپ مۇنداق
دېگەندە: —
[4] بۇ ئۆي تېخىچىلا خارابە تۇرسا، بۇ سىلەر تاختايدىن بېزەلگەن
ئۆيلىرىڭلاردا ياشايدىغان ۋاقتىمۇ؟

---

1:1 **«دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئالتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى»** — «دارىئۇس پادىشاھ»، يەنى «دارىئۇس خىسپاستېس» (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 521-485-يىللار). بۇ كۈن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 520-يىلى، 29-ئاۋغۇست ئىدى. «ئالتىنچى ئاي» — مۇقەددەس كىتابتا يىل، ئايلار تىلغا ئېلىنغاندا، يەھۇدىيلارنىڭ كونا كالېندارى بويىچە ھېسابلىنىدۇ («تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ). **«ئالتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى»** — ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ھېيت بولاتتى، يېرۇسالېمدا بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كىشىلەر بەلكىم ئاز بولمىسا كېرەك. **«باش كاھىن يەشۇئا»** — «كاھىن» مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا پۇقرالار ئۈچۈن مەخسۇس قۇربانلىقنى كۆيدۈرگۈچى خادىم

2:1 **«بۇ خەلق: «ۋاقتى كەلمىدى، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى قۇرۇش ۋاقتى تېخى كەلمىدى» — دەيدۇ»** — مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتى 15 يىل ئىلگىرى باشلانغانىدى، بىراق خەلق باشقا ئەللەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ، قۇرۇش خىزمىتىدىن قول تارتقانىدى («ئەزرا»، 3-5-بابلارنى كۆرۈڭ).

4:1 **«تاختايدىن بېزەلگەن ئۆيلىرىڭلار»** — «تاختايدىن بېزەلگەن» دېگەن بۇ سۆز تەۋراتتا پەقەت سۇلايمان قۇرغان مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ بېزىلىشى ۋە «يەھوئاھاز پادىشاھ»نىڭ

5 مانا، پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
قىلىۋاتقىنىڭلار ئۈستىدە كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار!
6 تېرىغىنىڭلار كۆپ، يىغىۋالىدىغىنىڭلار ئاز؛
يەيسىلەر، بىراق تويمايسىلەر؛
ئىچىسىلەر، بىراق قانمايسىلەر؛
كىيىسىلەر، بىراق ھېچقانداق ئىللىمايسىلەر؛
ئىش ھەققى ئالغۇچى بولسا،
خۇددى ئىش ھەققىنى تۆشۈك ھەميانغا سالغانغا ئوخشاشتۇر.
7 ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
قىلىۋاتقىنىڭلار ئۈستىدە كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار!
8 تاغقا چىقىپ، ياغاچنى ئېلىپ كېلىڭلار، ئۆينى قۇرۇڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار مەن ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولىمەن، شان-شەرەپكە ئېرىشىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
9 ــ سىلەر كۆپنى كۈتتۈڭلار، مانا، ئېرىشكىنىڭلار ئاز بولدى؛ ئۇنى ئۆيگە ئېپكەلگىنىڭلاردا، مەن ئۇنى پۈۋلەپ يوقاتتىم؛ بۇ نېمە ئۈچۈن؟
ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ
چۈنكى مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ خارابە بولغىنىغا قارىماي، ئۆز ئۆيۈڭلارنى سېلىشقا يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈۋاتىسىلەر.
10 شۇڭا ئۈستۈڭلاردا ئاسمانلار شەبنەمنى بەرمەيدۇ، زېمىنمۇ ھوسۇلىنى بەرمەيدۇ؛

---

ئوردىسىنىڭ بېزىلىشىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن بىر قېتىم ئىشلىتىلگەن. شۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، خەلقلەر بەلكىم مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا 15 يىل ئىلگىرى تەييارلىغان ياغاچنى ھازىر ئۆز ئۆيلىرىنى بېزەش ئۈچۈن ئىشلەتمەكتە. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىككى گۇناھى بار ئىدى: (1) خۇدانىڭ ئۆيىنى قۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش؛ (2) خۇدانىڭ ئۆيى ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان ياغاچنى ئۆز ئۆيلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش.

**6:1** قان. 38:28؛ مك. 14:6، 15.

**10:1 «شۇڭا ئۈستۈڭلاردا ئاسمانلار شەبنەمنى بەرمەيدۇ»** ــ شەبنەم، بولۇپمۇ 8- ۋە 9-ئايدا پىشىدىغان مېۋە ياكى ئاشلىقنى يېگىلەشتىن ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**10:1** قان. 23:28

11 مەن زېمىنغا، تاغقا، زىرائەتلەرگە، يېڭى شارابلارغا، زەيتۇن
مېيىغا، تۇپراقنىڭ ئۈندۈرمىلىرىگە، ئىنسانلارغا، مال-ۋارانلارغا ۋە
قوللاردىكى بارلىق ئەجىرلەرگە قۇرغاقچىلىقنى چاقىردىم.
12 شۇنىڭ بىلەن شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەل ھەم يەھوزاداكنىڭ
ئوغلى باش كاھىن يەشۇئا ۋە خەلقنىڭ قالدىسىنىڭ ھەممىسى
پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ ئاۋازىغا، شۇنىڭدەك پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ
ھاگاي پەيغەمبەرنى ئەۋەتىشى بىلەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى؛
خەلق پەرۋەردىگار ئالدىدا قورقتى.
13 ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىسى ھاگاي پەرۋەردىگارنىڭ خەۋىرىنى
خەلققە يەتكۈزۈپ:
«مەن سىلەر بىلەن بىللىدۇرمەن» ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ دېدى.
14 ۋە پەرۋەردىگار شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى، يەھۇدانىڭ ۋالىيسى
زەرۇببابەلنىڭ روھىنى، شۇنداقلا يەھوزاداكنىڭ ئوغلى، باش كاھىن
يەشۇئانىڭ روھىنى ھەم خەلق قالدىسىنىڭ ھەربىرىنىڭ روھىنى
قوزغىدى؛ ئۇلار ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
خۇداسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشلىدى.
15 بۇ دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئالتىنچى ئاينىڭ
يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى ئىدى.

---

11:1 **«مەن زېمىنغا، تاغقا، زىرائەتلەرگە، ... قوللاردىكى بارلىق ئەجىرلەرگە قۇرغاقچىلىقنى چاقىردىم»** ــ «قۇرغاقچىلىق» (ئىبرانيي تىلدا «خورەب») ھەم «خارابە» دېگەنلەر بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەر ــ خۇدانىڭ ئۆيى «خارابە» بولسا، ئۇلارغا «خورەب» (قۇرغاقچىلىق) بولىدۇ.

15:1 **«بۇ دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئالتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى ئىدى»** ــ ھاگاي بېشارەت بېرىپ، خەلق خۇدانىڭ ئۆيىدە ئىش باشلىغۇچە 23 كۈن ئۆتتى. بۇ ۋاقىت ھوسۇل يىغىدىغان پەسىل بولغاچقا، ئىش بەلكىم ھوسۇلنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن باشلانغان.

## ئىككىنچى ۋەھيي ـ رىغبەتلەندۈرۈش

2 [1] يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى هاگاي پەيغەمبەر ئارقىلىق كېلىپ مۇنداق دېگەندە:
[2] ــ «شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى، يەھۇدانىڭ ۋالىيسى زەرۇببابەلگە،
يەھوزاداكنىڭ ئوغلى، باش كاھىن يەشۇئاغا ھەمدە خەلقنىڭ
قالدىسىغا سۆز قىلىپ ئۇلاردىن: ــ
[3] «ئاراڭلاردىن ئەينى چاغدىكى شان-شەرەپتە بولغان بۇ ئۆينى
كۆرگەنلەردىن كىم بار؟ سىلەر هازىر ئۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟
نەزىرىڭلاردا ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟» ــ دەپ سورىغىن.
[4] ــ بىراق هازىر، ئى زەرۇببابەل، جاسارەتلىك بول، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ
يەھوزاداكنىڭ ئوغلى، باش كاھىن يەشۇئا، جاسارەتلىك بول؛ زېمىندىكى
بارلىق خەلق، جاسارەتلىك بولۇپ ئىشلەڭلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
چۈنكى مەن سىلەر بىلەن بىللىدۇرمەن، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
[5] ــ مىسىردىن چىققان ۋاقتىڭلاردا سىلەرگە ئەھدە قىلغان سۆزۈم ۋە
مېنىڭ روھىم ئاراڭلاردا تۇرۇپ كەلدى؛ ھەرگىز قورقماڭلار.
[6] چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: ــ

---

1:2 **«يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى»** ــ بۇ كۈن «كەپىلەر ھېيتى» («كەپە تىكىش ھېيتى»)نىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى بولۇپ، خەلقنىڭ كۆپ بىر قىسمى يېرۇسالېمدا بولغان بولۇش كېرەك.

3:2 **««ئاراڭلاردىن ئەينى چاغدىكى شان-شەرەپتە بولغان بۇ ئۆينى كۆرگەنلەردىن كىم بار؟ سىلەر هازىر ئۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ نەزىرىڭلاردا ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟»** ــ سۇلايمان پادىشاھ سالغان ھەيۋەتلىك مۇقەددەس ئىبادەتخانا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 587-يىلى) بابىل تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان. بۇ ۋەقە هاگاي سۆز قىلغان ۋاقىتتىن 67 يىل ئىلگىرى بولغاچقا، ئەسلى ئىبادەتخانىنىڭ شان-شەرىپى يېڭى ئىبادەتخانىغا قارايدىغان بەزى بوۋايلارنىڭ ئېسىدىن چىقمىغان بولۇشى كېرەك.

ــ**«ئەينى چاغدىكى شان-شەرەپتە بولغان بۇ ئۆي»** ۋە «ئۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟» دېگەن سۆزلەر ئىسپاتلايدۇكى، خۇدا نەزىرىدە مەيلى سۇلايمان قۇرغان ياكى بۇ ۋاقىتتىكى خەلق قۇرغان ئىبادەتخانا بولسۇن، ھەر ئىككىسىنى «بىر» دەپ ھېسابلايدۇ.

يەنە پەقەت ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن مەن ئاسمانلار، يەر يۈزى، دېڭىز
ھەم قۇرۇقلۇقنى تەۋرىتىمەن؛
7 مەن بارلىق ئەللەرنى تەۋرىتىمەن؛ نەتىجىدە ئەللەرنىڭ سەرخىل
ئەتىۋار نەرسىلىرى ئېلىپ كېلىنىدۇ. مەن مۇشۇ ئۆيىنى شان-
شەرەپكە تولدۇرىمەن، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار.
8 ــ كۈمۈش مېنىڭكى، ئالتۇن مېنىڭكى، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
9 ــ بۇ ئۆيىنىڭ كېيىنكى شان-شەرىپى ئەسلىدىكىدىن زور بولىدۇ،
ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ــ ۋە
مەن مۇشۇ يەردە ئاراملىق-خاتىرجەملىكنى ئاتا قىلىمەن، ــ دەيدۇ
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.

---

6:2 **«... ئاسمانلار، يەر يۈزى، دېڭىز ھەم قۇرۇقلۇقنى تەۋرىتىمەن»** ــ مۇشۇنداق سۆزلەر باشقا پەيغەمبەر يازمىلىرىدىمۇ تېپىلىدۇ (مەسىلەن، «يەشايا» 13-باب، «يەرەمىيا» 4- ھەم 10-باب، «يوئېل» 2-باب، «ناھۇم» 1-بابتا). شۈبھىسىزكى، بۇلار «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»، يەنى ئاخىرقى زاماننى كۆرسىتىدۇ.

**6:2** ھاگ. 21:2؛ ئىبر. 26،27:12

**7:2** ھاگ. 21:2

**8:2** **«كۈمۈش مېنىڭكى، ئالتۇن مېنىڭكى، ــ دەيدۇ ... پەرۋەردىگار»** ــ شۇ دەۋردە دۇنيادىكى كۆپ قىسىم ئالتۇن-كۈمۈش پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ قولىدا ئىدى. مەزكۇر بېشارەتتىن ئازراقلا بىر مەزگىلدىن كېيىن، پارس ئىمپېراتورى دارىئۇس تەرىپىدىن: «ئىسرائىلنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلاردىن ئىمپېراتورغا ئېلىنغان باجلارنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى ئايرىپ، بۇ پۇلنى «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنى چىرايلىق ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك...»» دېگەن بىر يارلىق چۈشۈرۈلدى («ئەزرا» 4-6-بابنى، شۇنداقلا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ).

9:2 **«بۇ ئۆيىنىڭ كېيىنكى شان-شەرىپى ئەسلىدىكىدىن زور بولىدۇ»** ــ بۇ بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ناھايىتى ئاجايىب بولىدۇ. سۆز كۆپ بولغاچقا، شەرھىنى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزگە قويدۇق.

**9:2** مىس. 22-20:23؛ يەر. 34-31:31؛ ئەز. 28-26:36؛ مات. 12-11:3؛ 10:11؛ 16-12:24؛ مار. 2:1؛ لۇقا 76:1؛ 27:7؛ يـۇھ. 17-13:2؛ يەش. 3:40؛ ئىبر. 6:8؛ 24:12

## ئۈچىنچى ۋەھيى ـ خۇدانىڭ شەپقىتى ۋە بەرىكىتى

10 دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى، توققۇزىنچى ئاينىڭ
يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ھاگاي پەيغەمبەر
ئارقىلىق كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
11 «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ
كاھىنلارغا سۆز قىلىپ ئۇلاردىن تەۋرات-قانۇنى توغرۇلۇق: ــ
12 «بىرسى تونىنىڭ ئېتىكىدە «خۇداغا ئاتالغان گۆش»نى كۆتۈرۈپ
كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئېتىكى نانغا، ئۇماچقا، شارابقا، زەيتۇن مايغا
ياكى ھەرقانداق ئاش-ئوزۇققا مۇنداقلا تېگىپ كەتسە، ئۇنداقتا ئۇ
نەرسىلەر «خۇداغا ئاتالغان» بولامدۇ؟» ــ دەپ سورىغىن».
كاھىنلار جاۋابەن: «ياق» ــ دېدى.
13 ۋە ھاگاي: «بىرسى جەسەتكە تېگىپ «ناپاك» بولغان بولسا، ئۇ
بۇ ئاش-ئوزۇقنىڭ قايسىبىرىگە تەگسە، ئۇنداقتا ئاش-ئوزۇق ناپاك
بولامدۇ؟» ــ دەپ سورىدى.
كاھىنلار جاۋابەن: «ئۇ ناپاك بولىدۇ» ــ دېدى.
14 ئاندىن ھاگاي جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ«پەرۋەردىگار: «ئەمدى

---

12:2 **«بىرسى تونىنىڭ ئېتىكىدە «خۇداغا ئاتالغان گۆش»نى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئېتىكى .. ھەرقانداق ئاش-ئوزۇققا مۇنداقلا تېگىپ كەتسە، ئۇنداقتا ئۇ نەرسىلەر «خۇداغا ئاتالغان» بولامدۇ؟»** ــ «خۇداغا ئاتالغان گۆش» (ياكى «مۇقەددەس گۆش») ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، بىرسى خۇداغا «گۇناھ قۇربانلىقى» («گۇناھنى تىلىدىغان قۇربانلىق»)، «ئىناق قۇربانلىقى» ياكى « قۇربانلىقى»نى قىلغاندا، بۇ قۇربانلىقلاردىن مەلۇم پارچە گۆش قۇربانلىق قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ياردىمىدە بولغان كاھىنغا ئايرىپ بېرىلگەن. بۇ گۆش «خۇداغا ئاتالغان گۆش» (ياكى «مۇقەددەس گۆش») دەپ ئاتالغان، بۇ گۆشنى پەقەت كاھىن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يېيىشكە بولىدۇ.

13:2 **«بىرسى جەسەتكە تېگىپ «ناپاك» بولغان بولسا، ئۇ بۇ ئاش-ئوزۇقنىڭ قايسىبىرىگە تەگسە، ئۇنداقتا ئاش-ئوزۇق ناپاك بولامدۇ؟»** ــ «ناپاك بولغان» ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، بىرسى جەسەتكە ياكى جەسەت قويۇلغان جايغا تەگسە، ياكى بەزى خىل كېسەل كىشىلەرگە تەگسە، «ناپاك» دەپ ھېسابلانغان. ئۇ بىر مەزگىل (بەزىدە بىر كۈن، بەزىدە بىر ھەپتە) ئايرىم تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئايرىم تۇرغاندىن كېيىن غۇسۇل قىلىپ (پۈتۈنلەي يۇيۇنۇپ) ئاندىن «پاك» دەپ ھېسابلانغان.

بۇ خەلق، بۇ «يات ئەل» مېنىڭ ئالدىمدىمۇ شۇنداقتۇر، ئۇلارنىڭ
قوللىرىدا ئىشلەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ شۇنداقتۇر، شۇنىڭدەك
ئۇلارنىڭ شۇ يەردە ماڭا ھەربىر سۇنغانلىرىمۇ ناپاكتۇر» ــ دەيدۇ.
15 «ــ ئەمدى ھازىر كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار ــ
بۈگۈندىن باشلاپ، مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ كۆرۈڭلار ــ تاكى
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى تاش ئۈستىگە يەنە بىر تال تاش
قويۇلغۇچە، 16 شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كۈنلەردە، بىرسى «يىگىرمە
كۈرە»لىك بىر دۆۋە ئاشلىقنى ئالغىلى كەلگەندە، مانا پەقەت ئون كۈرىلا
چىقتى؛ بىرسى شاراب كۆپىدىن ئەللىك كومزەك ئالغىلى كەلسە، مانا
پەقەت يىگىرمە كومزەك چىقتى. 17 مەن قوللىرىڭلار بىلەن ئىشلىگەن

---

14:2 **«پەرۋەردىگار: «ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئىشلەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ شۇنداقتۇر ناپاك، دېمەك، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ شۇ يەردە ماڭا ھەربىر سۇنغانلىرىمۇ ناپاكتۇر» ـــ دەيدۇ»** ــ «شۇ يەردە» دېگەن سۆز بەلكىم «ناپاك قوللىرىدا» دېگەننى كۆرسىتىشى مۇمكىن.
ـ**«پەرۋەردىگار: «ئەمدى بۇ خەلق، بۇ «يات ئەل» مېنىڭ ئالدىمدىمۇ شۇنداقتۇر، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئىشلەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ شۇنداقتۇر، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ شۇ يەردە ماڭا ھەربىر سۇنغانلىرىمۇ ناپاكتۇر» ـــ دەيدۇ»** ــ بۇ تولۇق سۆز ئىسرائىلغا ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئىسرائىل ئۆزى كاپىر بىر «يات ئەل» بولغان ئوخشايدۇ. ئۇلاردىكى خارابە بولغان مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ «پەرۋايىم پەلەك» دېگەندەك بىخۇدلۇق گۇناھلىرىغا گۇۋاھ بېرىدۇ. مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، گۇناھلار پەقەت «قان تۆكۈلۈپ قىلىنغان قۇربانلىق»لار ئارقىلىق «يېپىلغان» بولىدۇ. بىراق مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزى خارابە بولۇپ، ئۇلار سۇنغان قۇربانلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ «ناپاك قوللىرى» تۈپەيلىدىن «ناپاك بولدى» دېسەك، ئەمدى ئۇلار قانداقمۇ پاك بولالايدۇ؟ «كىم ناپاك نەرسىلەردىن پاك نەرسىنى چىقىرالايدۇ؟ ــ ھېچكىم!» («ئايۇپ» 4:14). پەقەت رەھىم-شەپقەتلىك بىر خۇدا ئۆزى ناپاك خەلقى ئۈچۈن بىر ئىش قىلسا، ئاندىن قۇتقۇزۇلغىلى بولىدۇ. ئەمدى خۇدا (15-ئايەت) ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇلارغا ئۈمىد بېرىدۇ. ئۇنىڭ قانداق يول بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقى ئېيتىلمىدى. بۇ مەسىلىلەرگە بولغان جاۋاب (يەنى خۇدانىڭ ئاخىرىدا ئادەملەرنى گۇناھتىن پاكلاش ئۈچۈن نېمە ئىش قىلغانلىقى) پەقەت ئىنجىلدىن تېپىلىدۇ.
15:2 **«ئىبادەتخانىسىدىكى تاش ئۈستىگە يەنە بىر تال تاش قويۇلغۇچە...»** ــ ھاگاي پەيغەمبەر سۆز قىلغاندىن كېيىن، خەلق قايتا قۇرۇلۇشنىڭ خىزمىتىنى يېڭىۋاشتىن باشلىغان كۈنگىچە، يەنى «ئىككىنچى يىلى، ئالتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى» (27-سېنتەبىر)گىچە دېگەنلىكتۇر.
16:2 **«شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كۈنلەردە، بىرسى «يىگىرمە كۈرە»لىك بىر دۆۋە ئاشلىقنى ئالغىلى كەلگەندە...»** ــ «ئىلگىرىكى» ــ ئىبرانىي تىلىدىكى بۇ سۆز بەزىدە «ئىلگىرىكى»،

بارلىق ئىشلىرىڭلاردا سىلەرنى جۇدۇن، هال ۋە مۆلدۈر ئاپەتلىرى بىلەن ئۇرۇپ كەلدىم؛ بىراق سىلەر يېنىمغا قايتمىدىڭلار.
[18] ئەمدى ئويلىنىپ كۆرۈڭلار: بۈگۈندىن كېيىن، يەنى توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنىدىن باشلاپ، مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ، ــ يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشىنى باشلىغان كۈنىدىن كېيىنكى ئىشلارغا كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار؛ [19] ئامبارلاردا دانلا قالدىمۇ؟ ئۈزۈم تاللىرى، ئەنجۈر، ئانار ھەم زەيتۇن دەرەخلىرى ھېچ مېۋە بەرمىدى. بىراق مەن بۈ كۈندىن باشلاپ سىلەرنى بەرىكەتلەيمەن».

## (تۆتىنچى ۋەھيى ــ (ئاخىرقى زامان زەرۇببابەل توغرۇلۇق

[20] ۋە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى شۇ ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى ھاگايغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[21] ــ يەھۇداغا ۋالىي بولغان زەرۇببابەلگە سۆز قىلىپ مۇنداق دېگىن: ــ
«مەن ئاسمانلارنى، زېمىننى تەۋرىتىشكە تەمشىلىۋاتىمەن؛
[22] پادىشاھلىقلارنىڭ تەختىنى ئۆرۈۋېتىمەن، ئەللەرنىڭ پادىشاھلىقلىرىنىڭ كۈچىنى يوقىتىمەن؛ جەڭ ھارۋىلىرى ھەم

---

بەزىدە «كېيىنكى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. قوشۇمچە سۆزلىرىمىزدە «ئىلگىرىكى» دېگەن تەرجىمىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىمىز.

17:2 **«مەن قوللىرىڭلار بىلەن ئىشلىگەن بارلىق ئىشلىرىڭلاردا سىلەرنى جۇدۇن، هال ۋە مۆلدۈر ئاپەتلىرى بىلەن ئۇرۇپ كەلدىم؛ بىراق سىلەر يېنىمغا قايتمىدىڭلار»** ــ ھاگاي پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە تەۋرات «ئام.» 4:9نى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

**17:2** ھاگ. 11:1

19:2 **«...ئامبارلاردا دانلا قالدىمۇ؟ ئۈزۈم تاللىرى... ھېچ مېۋە بەرمىدى. بىراق مەن بۇ كۈندىن باشلاپ سىلەرنى بەرىكەتلەيمەن»** ــ بۇ 16-19-ئايەتلەرنى قوشۇمچە سۆزلىرىمىزدە تەھلىل قىلىمىز.

21:2 **«مەن ئاسمانلارنى، زېمىننى تەۋرىتىشكە تەمشىلىۋاتىمەن»** ــ بۇ سۆزلەر (ۋە 22-ئايەت) 6-7-ئايەتلەردىكىگە ئوخشاش، بەلكىم ئاخىرقى زاماندىكى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلارنى ئۆرۈۋېتىمەن؛ ئاتلار ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز قېرىندىشىنىڭ قىلىچى بىلەن موللاق ئاتقۇزۇلىدۇ.

23 شۇ كۈندە ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ
مەن سېنى، يەنى شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەلنى ئالىمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار ــ ئاندىن سېنى خۇددى مۆھۈرلۈك ئۈزۈكۈمدەك قىلىمەن؛ چۈنكى مەن سېنى تاللىۋالدىم، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.

---

**22:2** دان. 2:44-45؛ يو. 2:10، 31؛ 3:15؛ يەش. 2:12-22؛ 13:6-13؛ 24:23؛ ئام.8 :9؛ مات. 24:29؛ روس. 2:20؛ ۋەھ. 6:12-13.

23:2 **«مەن سېنى، يەنى شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەلنى ئالىمەن،... ئاندىن سېنى خۇددى مۆھۈرلۈك ئۈزۈكۈمدەك قىلىمەن؛ چۈنكى مەن سېنى تاللىۋالدىم»** ــ بۇ بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە تىلغا ئالىمىز.

# قوشۇمچە سۆز

## مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئەھمىيىتى
## بەزى ئايەتلەرنىڭ شەرھلىرى

بۇ يەردە «مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ خۇدا ئالدىدا نېمە ئەھمىيىتى بار؟» – دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۆڭۈل قويۇپ بىرئاز ئويلىنىش بەلكىم پايدىلىقتۇر. هاگاي پەيغەمبەردىن 400 يىل ئىلگىرى، سۇلايمان پادىشاھ تۇنجى «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»نى قۇرۇپ چىققاندا ئۇ: «خۇدا ئۆزى راستلا يەر يۈزىدە ماكان قىلامدۇ؟ مانا، ئاسمانلار بىلەن ئاسمانلارنىڭ ئاسمىنى سېنى سىغدۇرالمايدىغان يەردە، مەن ياسىغان بۇ ئۆي قانداقمۇ سېنىڭ ماكانىڭ بولالىسۇن؟!» دېدى («1پاد.» 8:27).

خۇدا راستلا «ئادەملەرنىڭ قوللىرى بىلەن ياسىغان بىر ئۆيىنى ماكان قىلامدۇ؟» («روس.» 7:48).

خۇدا ئۆزى بىر چاغدا يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق:

– «ئاسمانلار مېنىڭ تەختىم،
زېمىن بولسا، ئاياغلىرىمغا تەختىپەردۇر،
ئەمدى ماڭا قانداق ئۆي-ئىمارەت ياسىماقچىسىلەر؟
ماڭا قانداق يەر ئارامگاھ بولالايدۇ؟
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ قولۇم ياراتقان، ئۇلار شۇڭلاشقىلا بارلىققا كەلگەن ئەمەسمىدى؟» دەپ سورىغان («يەش.» 66:1-2).

بۇ ئىشلاردىن تېخىمۇ ئىلگىرى خۇدا ئىسرائىلغا زور كۈچلۈك مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتقۇزغانىدى. ئۇ ئۇلارنى چۆل-باياۋاندىن ئۆتكۈزۈپ «سىناي تېغى»غا يېتەكلەپ، شۇ يەردە يەنە مۇسانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇلارغا ئۆز مۇقەددەس قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تاپشۇرغانىدى. شۇ يەردە خەلق پەرۋەردىگارنىڭ سىناي تېغى ئۈستىدە گۈلدۈرمامىلار، چاقماقلار، يەر تەۋرەشلەر، بۇلۇتلار ھەمراھ بولغان دەھشەتلىك ھۇزۇرىنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا يېقىنلىششى مەنئى قىلىنغان – دەرۋەقە ئۇلارنىڭمۇ شۇ

دەھشەتلىك كۆرۈنۈشكە يېقىنلىشىش نىيتى يوق ئىدى! مۇقەددەس قانۇندىكى بىباھا دانالىق بايلىقلىرى مۇساغا تاغ ئۈستىدە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار دەرھال مۇساغا ۋە پۈتۈن خەلققە ھەيرانۇھەس قالدىغان بىر ئىشنى بۇيرۇغان. بۇيرۇقتا قارىغاندا، بۇ ئىش خۇدانىڭ كۆڭلىدە مۇھىم بولغان: ــ «كىمنىڭ كۆڭلى ھەدىيە سۇنۇشنى خالىسا، ئۇنىڭدىن ماڭا سۇنۇلىدىغان «كۆتۈرمە ھەدىيە»نى تاپشۇرۇۋېلىڭلار... ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرى ئارىسىدا ماكان قىلىشىم ئۈچۈن ... ماڭا بىر مۇقەددەس تۇرالغۇنى ياسىسۇن...» («مىس.» 1:25-8-ئايەت)

بۇ ئىش بىزنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. سىناي تېغىدا ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان، قورقۇنچلۇق پاك-مۇقەددەسلىك ئىچىدە تۇرغان بىر خۇدا قانداقمۇ (ۋە نېمىشقا): «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (يەنى ئىسرائىلدەك گۇناھكار بىر قوۋم ئارىسىدا) ماكانلاشماقچىمەن» ــ دەيدۇ؟ بىراق ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى.

ئۇلار قۇرغان چېدىرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ۋە ئەتراپىدىكى قورۇسىدىن قارىغاندا شاھلىق ئوردىغا ئوخشىغان يەرلىرى يوق دېيەرلىك، دەرۋەقە ئىنتايىن ئاددىي ئىدى. ئىككى يېرىم مېتر ئېگىزلىكتىكى ئاپئاق لىباس قورۇنى ئوراپ تۇراتتى. چېدىرنىڭ ئۈستىنى ئۆچكە تېرىسى، ئۆچكە تېرىسىنىڭ ئۈستىگە دېڭىز يىلپىزى ياكى دېلفىن تېرىسى قويۇش بىلەن قاپلىغان. بىراق چېدىرنىڭ ئىچىنىڭ ھەممىلا يېرىدە شوخ رەڭ، يەنى ئاق، كۆك، سۆسۈن، قىزىل ۋە ئالتۇن رەڭلەر كۆرۈنەتتى. ئىچىدىكى «مۇقەددەس جاي»دا، ئالتۇندىن ياسالغان بىر چىراغپاي نان تىزىلغان ئالتۇن ئۈستەلنى، ئالتۇن خۇشبۇيدانىنى، كۆك، سۆسۈن، قىزىل يىپتىن ۋە ئالتۇن يىپ (سىم)تىن توقۇلغان «ئىچكى پەردە»نىمۇ نۇرلاندۇراتتى. پەردە ئۈستىدىمۇ پەرىشتە شەكلىدىكى ئالتۇن كەشتە تىكىلگەن بىرنەچچە «كېرۇب» بار ئىدى. بۇ «ئىچكى پەردە»نىڭ كەينى «ئەڭ مۇقەددەس جاي» ئىدى. شۇ يەرگە كىرىشكە پەقەت «باش كاھىن»نىڭ ئۆزى رۇخسەتلىك ئىدى، شۇنداقلا پەقەت بىر يىلدا بىر قېتىم رۇخسەت قىلىناتتى.

«ئەڭ مۇقەددەس جاي» ئىچىدە ھېچقانداق تەبىئىي ياكى سۈنئىي يورۇقلۇق يوق ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئىچىدە ھېچقانداق بۇتتەك

شەكىل، سۈرەت، سىيما-سىزما ياكى بۇتسىمان نەرسە يوق ئىدى. پەقەت بىر ساندۇق بار ئىدى. ساندۇق «ئەھدە ساندۇقى» دەپ ئاتىلاتتى؛ ئۇنىڭ ئىچىدە خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرغان، تاش تاختايلارغا ئويۇلغان ئەھدە پەرمانلىرى بار ئىدى. ساندۇق ياغاچتىن ياسىلىپ ئالتۇن بىلەن ھەللەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە «كافارەت تەختى» («رەھىم-شەپقەت تەختى»)، يەنى ئالتۇن بىر سۇپا بار ئىدى. «كافارەت تەختى»نىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ھەربىرىدە ياغاچتىن ياسىلىپ ئالتۇندىن ھەللەنگەن، تەخت ئۈستىگە قارىتىلغان بىر «كېرۇب» (خۇدانىڭ جازاسىنى يۈرگۈزگۈچى كۆچلۈك پەرىشتىسى)نىڭ شەكلى بار ئىدى. بىراق «كافارەت تەختى»نىڭ ئۆزى بوش تۇراتتى. دېگىنىمىزدەك شۇ يەرگە ھېچقانداق يورۇقلۇق كىرەك ئەمەس ئىدى، چۈنكى خۇدانىڭ ئۆز ھۇزۇرىدا، «كافارەت تەختى»نىڭ ئۈستىدە پارلاپ تۇرىدىغان تىلسىمات ساماۋى بىر نۇر كۆرۈنەتتى. يەھۇدىيلار بۇ نۇرنى «شېكىيناھ شان-شەرەپ» دەپ ئاتايتتى. خەلق «مۇقەددەس چېدىر»نىڭ سىرتقى قورۇسىغا كىرىپ قۇربانگاھنىڭ يېنىدا ئۆز دۇئا-تىلاۋەتلىرىنى قىلالايدۇ. دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتا ھەردائىم ئۆزىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىش، گۇناھتىن پاكلىنىش ھاجىتىنى ياكى رەھمەت-ئىبادەت قىلىشقا بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان مۇۋاپىق بىر قۇربانلىقنى كاھىنلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۇنۇش كېرەك ئىدى. خۇدا شۇنداقلا مۇقەددەس چېدىر ئارقىلىق ئۆزىگە يېقىنلىشىشقا بىر يول ئاچقانىدى.

ئەھۋال سۇلايمان پادىشاھنىڭ دەۋرىگىچە 573 يىل شۇ پېتى داۋاملاشقان (مۇقەددەس كىتابنىڭ بەزى يەرلىرىدە، خەلقنىڭ خۇدانىڭ غەزىپى ئاستىدا تۇرغان ۋاقتى جەمى 93 يىل بولۇپ، ئۇ 573 يىلدىن چىقىرىۋېتىلسە، 480 يىل قالىدۇ). شۇ چاغدا ئىسرائىل چۆل-باياۋاندىن ئۆتۈپ سەرسان بولغان ۋاقتىغا خېلى ئۇزۇن بولغانىدى، ئۇلار بەلكى پەلەستىندە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان. ئەسلىدە سۇلايماننىڭ ئاتىسى داۋۇت پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئۆيىنى چېدىردىن مۇقىمراق، يېرۇسالېمغا ھېيتلەرنى تەبرىكلەشكە چىققان كۆپ كىشىلەر پاتقۇدەك چوڭراق قىلىپ ياسىشىمىز كېرەك، دېگەن ئويغا كەلگەنىدى. ئۇ شۇڭلاشقا مۇشۇنداق بىر ئۆينى قۇرۇشقا تەييارلىقلارنى باشلىغانىدى، بىراق خۇدا ئۇنىڭغا: ئوغلۇڭ سۇلايمان بۇ خىزمەتنى قىلىشى كېرەك، دەپ ئايان قىلغانىدى. ئىشلار شۇنداق بولدى. سۇلايمان قۇرغان

ئىبادەتخانا بەلكىم شۇ دەۋردە يەر يۈزىدىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك بىنا بولسا كېرەك. بەزىلەر ئىبادەتخانىنى كۆرۈش ئۈچۈنلا يېرۇسالېمغا ئۇزۇن سەپەر قىلغان. قۇرۇش خىزمىتى تۈگىگەندە، سۇلايمان پادىشاھ ئۆينى خۇداغا رەسمىي ئاتاپ بېغىشلاشقا خەلقنى يىغقاندا، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگىنىمىزدەك: —
«خۇدا ئۆزى ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە ماكان قىلامدۇ؟ مانا، ئاسمانلار بىلەن ئاسمانلارنىڭ ئاسمىنى سېنى سىغدۇرالمىغان يەردە، مەن ياسىغان بۇ ئۆي قانداقمۇ سېنىڭ ماكانىڭ بولالىسۇن؟!» دېگەن سۆزلەرنى ئېيتتى. («پادىشاھلار (1)» 8-باب)
تەۋراتتىكى تارىخىي خاتىرىلەر بويىچە، ئۇنىڭ دۇئاسى تۈگەپلا، ئوت ئاسماندىن چۈشۈپ قۇربانگاھ ئۈستىدىكى قۇربانلىقلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى ۋە خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىڭ نۇرى ئادەمنى يەرگە يىقىتىدىغان دەرىجىدە ئۆيگە تولدى. ئەسلىدە «مۇقەددەس چېدىر»دا تۇرغان تىلسىمات ساماۋى «شېكەيناھ شان-شەرەپ» بولغان نۇر ھازىر سۇلايمان پادىشاھ قۇرغان ئىبادەتخانىنىڭ «ئەڭ مۇقەددەس جاي»دا پارلايدىغان بولدى.
400 يىلدىن كېيىن، ئەزاكىيال پەيغەمبەر قورقۇنچلۇق بىر ئالامەت كۆرۈنۈشنى كۆردى. ئۇ «شېكەيناھ شان-شەرەپ»نىڭ خەلقنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىن چىقىپ شىمال تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇ ئالامەتتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار شىمالدىن كېلىپ يېرۇسالېم شەھىرىنى، جۈملىدىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى. خۇدا ئۆز خەلقىگە بۇتپەرەسلىكى، ۋاپاسىزلىقى ۋە ئېتىقادسىزلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بولغان غەزىپىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇلار 70 يىل بابىل ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن بولدى. ئاندىن كېيىن «كىرىش سۆز»دە تەسۋىرلەنگەن ئىشلار يۈز بەردى: پارس ئىمپېراتورى قورەش ئىمپېرىيەسىدىكى ھەرقانداق سۈرگۈن بولغانلارغا ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشقا رۇخسەت بەردى، شۇنىڭدەك سۇلايمان قۇرغان مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قايتا قۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆز ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن شۇ يەردە دۇئا قىلىنىسۇن دەپ تەلەپ قىلدى («ئەزرا»، 1:1-3-ئايەتنى كۆرۈڭ).
بىز ھازىر ھاگاي پەيغەمبەرنىڭ قايتا قۇرۇلغان ئىبادەتخانا توغرۇلۇق بېشارەتلىرىگە ئۆتىمىز: —

ئاۋۋال 1-باب، 8-ئايەت: —

«تاغقا چىقىپ، ياغاچنى ئېلىپ كېلىڭلار، ئۆينى سېلىڭلار؛ شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولىمەن، شان-شەرەپكە ئېرىشىمەن» — دەيدۇ پەرۋەردىگار».

بۇ ئاددىي بىر بۇيرۇق، چۈشىنىشلىك بىر ۋەدىدۇر. بىراق خۇدا نېمە يولدا ئىبادەتخانىدا ئۆزىگە «شان-شەرەپكە ئېرىشىدۇ؟». تېكىستتە خاتىرىلەنگەندەك، ئىبادەتخانىنىڭ ئەسلىدىكى ھەيۋىسىنى كۆرگەن بەزى بوۋايلار ھازىر قولىدىكى چەكلىك ماتېرىياللارغا قاراپ، پەقەت ئىشنى داۋاملاشتۇرغۇسى كەلمىگەن. ھازىرقى يېرىم قۇرۇلغان تاملار سۇلايماننىڭ قۇرغىنى بىلەن سېلىشتۇرغۇچىلىكى يوق؛ ئۇلارنىڭ قولىدا سۇلايمان تەييارلىغىنىچىلىك ئالتۇن-كۈمۈش ياكى ھەتتا مىسمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇ پەيتتە، ھاگاي ئارقىلىق ئۇلۇغ بېشارەت كەلدى: —

(ئاۋۋال 2-باب، 7-ئايەت: —

«مەن بارلىق ئەللەرنى تەۋرىتىمەن؛ نەتىجىدە ئەللەرنىڭ سەرخىل ئەتىۋار نەرسىلىرى ئېلىپ كېلىنىدۇ. مەن مۇشۇ ئۆينى شان-شەرەپكە تولدۇرىمەن».

ئاندىن 2-باب، 9-ئايەت: —

«بۇ ئۆينىڭ كېيىنكى شان-شەرىپى ئەسلىدىكىدىن زور بولىدۇ، ... ۋە مەن مۇشۇ يەردە ئامان-خاتىرجەملىك ئاتا قىلىمەن».

ھالبۇكى، بۇ ئۆينى قۇرۇپ چىققاندا خۇدانىڭ «شېكەيناھ شان-شەرەپ»نىڭ قايتىپ كېلىشى توغرۇلۇق ھېچ خاتىرە يوقتۇر. ئاسماندىن ھېچ ئوت چۈشمىدى، ئۆي ئالدىنقى قېتىم بولغاندەك ھېچ ئىس-تۈتەككە تولمىدى. يەھۇدىيلارنىڭ كېيىنكى تارىخلىرىدىمۇ «شېكەيناھ شان-شەرەپ»نىڭ قايتا كەلمىگەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى 500 يىل مەزگىلدە، ئىسرائىل پارس ئىمپېرىيەسىگە بېقىنىشتىن گرېك ئىمپېرىيەسىگە بېقىنىشقا ئۆتۈپ، يەنە رىم ئىمپېرىيەسىگە بېقىنىشقىمۇ ئۆتتى. رىم ئىمپېرىيەسى ھىرود ئىسىملىك ئېدوملۇق بىر كىشىنى ئىسرائىل ئۈستىگە «پادىشاھ» بولۇشقا بېكىتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ پادىشاھ ئەمەس، بەلكى رىمنىڭ بىر قورچىقى ئىدى؛ بىراق ئۇ ئامالنىڭ بارىچە يەھۇدىي خەلقىنى

ئۆزگە قايىل قىلماقچى ئىدى. بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك ئىدى، چۈنكى بىرىنچىدىن ئۇ يەھۇدىي ئەمەس ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئېدوملۇق ئىدى؛ ئېدوملۇقلار دەۋردىن-دەۋرگىچە يەھۇدىي خەلقى بىلەن دۈشمەنلىشىپ كەلگەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ يۇقىرىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن زەرۇببابەل قايتا قۇرغان ئىبادەتخانىنى ئۆزى كېڭەيتىپ قايتا قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ شۇنداق قىلدى. بۇنىڭغا 46 يىل كەتتى («يۇھ.» 20:2نى كۆرۈڭ). پۈتۈن يېڭى ئىبادەتخانا 300 مېتر ئۇزۇنلۇقتا تۆت چاسىلىق بولۇپ، ئىچىدە ئىچكى، ئوتتۇرا، تاشقى ئۈچ قورۇسى بار ئىدى. سىرتقى تام 20 مېتر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇنارلار بار ئىدى. «راببىيلار» (يەھۇدىي «ئىمام»لار)نىڭ دېيىشىچە، پۈتۈن ئىمارەت 210 مىڭ كىشىنى پاتقۇزالايتتى. ئىچكى قورۇدا بىر-بىرىگە تۇتاش بولغان «مۇقەددەس جاي» ۋە «ئەڭ مۇقەددەس جاي» سىرتقى ھويلىسىنىڭ تېمىدىن بەلكىم يەنە 30 مېتر ئېگىزلىكتە تۇراتتى. ھەممە جاينىڭ ئىچى-تېشىنىڭ كۆپ يەرلىرى مەرمەر بىلەن قاپلانغان ياكى ئالتۇن بىلەن ھەللەنگەنىدى. پۈتۈن ئىبادەتخانا يېرۇسالېمنىڭ زىئون تېغى ئۈستىگە جايلاشقانىدى. شۇ دەۋرگىچە، شۈبھىسىزكى، ئۇ يەر يۈزىدە قۇرۇلغان بىنالار ئارىسىدا ئەڭ ھەيۋەتلىك ئىمارەت ئىدى. شۇڭا: «بۇ ئۆيىنىڭ كېيىنكى شان-شەرىپى ئەسلىدىكىدىن زور بولىدۇ» دېسە بولامدۇ؟ قىزىق يېرى شۇكى، «راببىيلار» بىرلا ئاۋاز بىلەن بەرگەن جاۋاب: «ياق!» ئىدى. چۈنكى خۇدانىڭ ئۆز ھۇزۇرىنى كۆرسەتكەن «شېكەيناھ شان-شەرەپ»ى قايتمىغانىدى. يەنە 40 يىلدىن كېيىن (مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلى) بۇ ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىمۇ رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلدى. ئەگەر ھاگاي پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولسا، ھېرود پادىشاھ ئىبادەتخانىنى قايتا قۇرغىنىدىن ئىبادەتخانا ۋەيران بولغۇچە بولغان مۇشۇ ئارىلىقتا ھاگاينىڭ شۇ بېشارىتى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندۇ؟ بۇنىڭغا ئىنجىل بىزگە ئېنىق بىر جاۋاب بېرىدۇ. خۇدانىڭ «شېكەيناھ شان-شەرەپ»ى دەرۋەقە مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلگەنىدى. بىراق ئۇ پارقىراپ تۇرىدىغان تىلسىمات ساماۋى بىر نۇرنىڭ شەكلىدە ئەمەس، بەلكى بىر شەخسنىڭ شەكلىدە ــ رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئەيسا مەسىھ خىزمىتىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىشقا باشلىغاندا، تۆۋەندىكى ۋەقە يۈز بەرگەن: ــ

(ئىنجىل، «يۇھ.» 2:13-22-ئايەت)

«يەھۇدىيلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا يېقىن قالغاندا، ئەيسا يېرۇسالېمغا باردى. ئۇ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدا كالا، قوي ۋە كەپتەر-پاختەك ساتقۇچىلارنى ھەم ئۇ يەردە ئولتۇرغان پۇل تېگىشكۈچىلەرنى كۆردى. ئۇ تانىدىن قامچا ياساپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوي-كالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئىبادەتخانىدىن ھەيدەپ چىقاردى. پۇل تېگىشكۈچىلەرنىڭ پۇللىرىنى چېچىپ، شىرەلىرىنى ئۆرۈۋەتتى ۋە پاختەك-كەپتەر ساتقۇچىلارغا:

— بۇ نەرسىلەرنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭلار! ئاتامنىڭ ئۆيىنى سودا-سېتىق ئۆيى قىلىشىۋالماڭلار! — دېدى.

بۇنى كۆرگەن مۇخلىسلىرى زەبۇردا مۇنداق پۈتۈلگىنىنى ئېسىگە ئېلىشتى:

«سېنىڭ مۇقەددەس ئۆيۈڭگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم ئۆزۈمنى چۇلغىۋالدى!».

شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئۇ ئىشلارغا ئىنكاس بىلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن:

— بۇنداق ئىشلارنى قىلغانىكەنسەن، قېنى، بىزگە نېمە مۆجىزىلىك ئالامەتنى كۆرسىتىپ بېرەلەيسەن؟! — دەپ سورىدى.

ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

— ئۇشبۇ ئىبادەتخانىنى چۇۋۇۋېتىڭلار، مەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىمەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ يەھۇدىيلار يەنە ئۇنىڭغا:

— بۇ ئىبادەتخانىنى ياساۋاتقىلى ھازىرغىچە قىرىق ئالتە يىل كەتكەن تۇرسا، سەن ئۇنى قانداقسىگە ئۈچ كۈندىلا قۇرۇپ چىقالايسەن؟! — دېدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ «ئىبادەتخانا» دېگىنى ئۇنىڭ ئۆز تېنىنى كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ بۇ دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى ۋە شۇنداقلا مۇقەددەس يازمىلاردىكى بۇ ھەقتىكى بېشارەتكە ھەمدە ئەيسانىڭ ئېيتقان سۆزىگە ئىشەندى».

مەسىھنىڭ خەلق ئالدىدىكى خىزمىتىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئوخشاش ئىشنى قىلدى: — (بىز ماتتانىڭ بۇ ۋەقەلەر توغرۇلۇق بايانىدىن نەقىل كەلتۈرۈمىز — «مات.» 12:21-16)

— «ئەمدى ئەيسا ئىبادەتخانا هويلىلىرىغا كىرىپ، ئۇ يەردە ئېلىم-سېتىم قىلىشۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ چىقاردى. پۇل تېگىشىدىغانلارنىڭ شىرەلىرىنى ۋە پاختەك-كەپتەر ساتقۇچىلارنىڭ ئورۇندۇقلىرىنى ئۆرۈپ، ئۇلارغا:

— مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدانىڭ: «مېنىڭ ئۆيۈم دۇئا-تىلاۋەتخانا دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن سۆزى پۈتۈلگەن؛ لېكىن سىلەر ئۇنى بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋاپسىلەر! — دېدى.

ئىبادەتخانا هويلىلىرىدا بولغاندا قارىغۇ ۋە توكۇرلار ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ ئۇلارنى ساقايتتى. لېكىن باش كاھىنلار بىلەن تەۋرات ئۇستازلىرى ئۇنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ ۋە باللارنىڭ ئىبادەتخانىدا: «داۋۇتنىڭ ئوغلىغا ھوساننا-تەشەككۈرلەر بولغاي!» («ئى رەب، ھازىر سەن قۇتقۇزىۋاتسەن!») دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى.

ئۇلار ئۇنىڭغا: — بۇ باللارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ ئۇلارغا: — ئاڭلاۋاتىمەن! سىلەر مۇقەددەس يازمىلاردىن شۇنى ئوقۇپ باقمىغانمىكى، «ئۆزۈڭگە كىچىك باللار ۋە بوۋاقلارنىڭ تىللىرىدىن مەدھىيە سۆزلىرىنى مۇكەممەل قىلدىڭ» دېگەننى ئوقۇپ باقمىغانمۇسىلەر؟ — دېدى».

مۇشۇ كۈندىن باشلاپ، شان-شەرەپلىك ئاخىرقى بىر ھەپتىدە، مەسىھ ئەيسا ھەركۈنى مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى ئىگىلەپ، ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىب تەلىملىرى بىلەن توشقۇزۇپ، كېسەل-بىمارلار ئۈچۈن مۆجىزىلەرنى يارىتىپ تۇردى. بۇ ئىشلار ئىنجىل «مات.» 21-23-بابتا، «مار.» 11-12-بابتا، «لۇقا» 19-21-بابتا خاتىرىلەنگەن. خۇدانىڭ «شېكىناھ شان-شەرەپ»ى ھەقىقەتەن مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلگەنىدى — بىراق ھاكىملار ۋە كاھىنلار

ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدى. پەقەت روسۇل ماتتا بىزگە ئۇقتۇرغاندەك كىچىك باللار ئۇنى تونۇپ يەتتى. «ئىبادەتخانىنىڭ كېيىنكى شان-شەرىپى بەرھەق ئەسلىدىكىدىن زور بولىدۇ» ـ چۈنكى ئۆزىدىن (ئىبادەتخانىدىن) ئۇلۇغ بىر زات، يەنى دەل خۇدانىڭ «كالامى» شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. شۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا دەل شۇ ھاكىملار ئۇنى قولغا ئېلىپ كرېستكە مىخلىدى، دەل «تەشنايىمىز بار بولغان خۇدانىڭ شېكەيناھ شان-شەرىپى»نى چەتكە قاقتى. لېكىن ئىشلار بۇنىڭ بىلەن تۈگىگىنى يوق؛ چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسانى دۇنيانىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى يۇيىدىغان قۇربانلىق قىلىشتىكى مۆكەممەل پىلانى ۋە مەقسىتى بىلەن بولغان.

باشقا بىر سورۇندا ئەيسا مەسىھ مۇنداق دېدى: («مات.» 6-5:12)

«سىلەر تەۋراتتىن شۇنى ئوقۇپ باقمىغانسىلەركى، ئىبادەتخانىدا ئىشلەيدىغان كاھىنلار شابات كۈنلىرى (ئارام ئېلىش كۈنلىرى) ئىشلەپ شابات تەرتىپىنى بۇزسىمۇ، گۇناھقا بۇيرۇلمايدۇ. بىراق مەن شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەردە ئىبادەتخانىدىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى بار».

ئۇ دەرۋەقە ئىبادەتخانىدىنمۇ ئۇلۇغ ـ چۈنكى ئىنجىل بىزگە ئۆگەتكەندەك ـ «ھەممىدىن بۇرۇن «كالام» بار ئىدى؛ كالام خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم كالام خۇدا ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن خۇدا بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ ئارقىلىق بارلىق مەۋجۇداتلار يارىتىلدى ۋە بارلىق يارىتىلغانلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭسىز يارىتىلغان ئەمەس...

«كالام» ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا (گرېك تىلىدا، چېدىر تىككەندەك) ماكانلاشتى؛ ۋە بىز ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە قارىدۇق ـ ئۇ شان-شەرەپ بولسا، ئاتىنىڭ يېنىدىن كەلگەن، مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتكە تولغان بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنىڭكىدۇر» («يۇھاننا» 1-بابتىن).

ئۆزى خۇدا بولغان «كالام»نىڭ يالقۇنلۇق شان-شەرىپى «چېدىر بولغان» بىر ئىنسان تېنىگە چۆمكىدى ـ دەل خۇدا ئېيتقاندەك: «خەلق ئارىسىدا ماكانلىشىشىم ئۈچۈن ماڭا بىر مۇقەددەس ماكان-چېدىر ياسالسۇن...». خۇدا ئىنسانلار بىلەن بىللە بولۇشنى خالايدۇ؛ گەرچە ھەممىمىز ئادەمئاتىمىزدىن باشلاپ گۇناھكار بولۇپ ياشىغان بولساقمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مەقسىتى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ

ئەسلى ئىنسانىيەتنى ئۆزى بىلەن بولىدىغان دوستلۇق ۋە ئورتاقلىشىش ئۈچۈن ياراتتى. مەسىھنىڭ كرېستكە مىخلىنىش قۇربانلىقى ئارقىلىق بۇ دوستلۇق ۋە مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ ــ مۇناسىۋەت ھەتتا ئادەمئاتىمىز تونۇپ يەتمىگەن ئۇلۇغ بىر دەرىجىدە بولىدۇ. داۋۇت پادىشاھنىڭ ئوغلى سۇلايمان مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قۇرغاندەك، داۋۇت پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئوغلى مەسىھ ئەيسا ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئۇلۇغ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا باشلىدى. بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەندەك: ــ

«ئۇشبۇ ئىبادەتخانىنى چۇۋۇۋېتسەڭلار، مەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىمەن، ــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ يەھۇدىيلار يەنە ئۇنىڭغا:

ــ بۇ ئىبادەتخانىنى ياساۋاتقىلى ھازىرغىچە قىرىق ئالتە يىل بولغان تۇرسا، سەن ئۇنى قانداقسىگە ئۈچ كۈندىلا قۇرۇپ چىقالايسەن؟! ــ دېدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ «ئىبادەتخانا» دېگىنى ئۇنىڭ ئۆز تېنىنى كۆرسەتكەنىدى».

«ئىبادەتخانا بولغان ئۆز تېنى»نىڭ قۇرۇلۇشى ئۇ ئۆلۈپ ئۈچىنچى كۈندە يېڭى تېنىنىڭ تىرىلىشى بىلەن قايتىدىن باشلانغان. بىراق تېخىمۇ ئاجايىب يېرى شۇكى، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ھەربىرى مۇقەددەس روھنىڭ ۋاستىسى بىلەن شۇ تەنگە تەۋە، يەر يۈزىدە تۇرغان بىر ئەزاسى قىلىنىدۇ.

«شۇڭا شۇنىڭدىن باشلاپ سىلەر مۇساپىرلار، ياقا يۇرتتىكىلەر ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس بەندىلەرگە ۋەتەنداش بولىسىلەر، خۇدانىڭ ئۆيىدىكىلىرىدىن بولىسىلەر؛ سىلەر روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر بولغان ئۇلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلماقتىسىلەر؛ بىنانىڭ «بۇرجەك تېشى» بولسا ئەيسا مەسىھ ئۆزىدۇر؛ ئۇنىڭدا پۈتكۈل بىنا پۇختا جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، رەبدە مۇقەددەس بىر ئىبادەتخانا بولۇشقا ئۆسۈپ بارماقتا. سىلەرمۇ قوشۇلۇپ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ بىر تۇرالغۇسى بولۇشقا روھتا بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلماقتىسىلەر»

(ئىنجىل، «ئەف.» 2-بابتىن).

مانا خۇدانىڭ ئەبەدىلئەبەد ئۆزگەرمەس مەقسىتى ــ بىر مۇقەددەس ئىبادەتخانا ــ رەخت، خىش، تاش، ھەتتا مەرمەر ياكى ئالتۇندىن ياسالغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى سۆيگەن «ھايات تاشلار» بولغان كىشىلەردىن ياسالغان بىر ئىبادەتخانىدا ماكانلىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ روھى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھ-قەلبىدە تۇرىدۇ، ئۇلار دەل ئۇنىڭ خالىغان «ھايات ئىبادەتخانا»سىدۇر.

ئىنجىل، «1پېت.» 5:2 ــ

«سىلەر ئۆزۈڭلارمۇ تىرىك تاشلار سۈپىتىدە بىر روھىي ئىبادەتخانا قىلىنىشقا، خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان روھىي قۇربانلىقلارنى سۇنىدىغان مۇقەددەس كاھىن قاتارىدىكىلەر بولۇشقا قۇرۇلۇۋاتىسىلەر».

مانا بۇ خۇدانىڭ ئەزەلدىن بار بولغان مەقسىتى. ھاگاي پەيغەمبەر بېشارەت بەرگەن ئىبادەتخانا شۇ مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقى، شۇنداقلا نەزىرىمىزنى خۇدانىڭ نىشانلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن بىرخىل «بېشارەتلىك سۈرەت»تۇر. بۇ مەقسەتنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن ھاگاي ۋە خۇدانىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلغان شۇ دەۋردىكىلەرگە مىننەتدارمىز.

2-باب، 7-ئايەتتىكى «مەن بارلىق ئەللەرنى تەۋرىتىمەن؛ نەتىجىدە ئەللەرنىڭ سەرخىل ئەتىۋار نەرسىلىرى ئېلىپ كېلىنىدۇ. مەن مۇشۇ ئۆيىنى شان-شەرەپكە تولدۇرىمەن» دېگەن سۆزلەرنىڭ تولۇق مەنىسى ۋە شەرەپلىكى پەقەت مەسىھ ئەيسا دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە كۆرۈلىدۇ.

## «خۇدانىڭ ئاۋازى» ۋە «پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى» ئۈستىدە (12:1)

ھاگاي كىتابىدا ئۆزىنىڭ خەلقلەرگە بېشارەت بەرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدىغان تۆۋەندىكىدەك مۇھىم بىر مەزمۇننى بايان قىلىدۇ. خەلق ئاۋۋال خۇدانىڭ ئاۋازىغا، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالىدۇ (ۋە ئىتائەت قىلىدۇ): ــ

«شۇنىڭ بىلەن شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەل، يەھوزاداكنىڭ ئوغلى باش كاھىن يەشۇئا ۋە خەلقنىڭ قالدىسىنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ ئاۋازىغا، شۇنىڭدەك پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ

ھاگاي پەيغەمبەرنى ئەۋەتىشى بىلەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى؛ خەلق پەرۋەردىگار ئالدىدا قورقتى»

بىرىنچىسىدە كۆرستىلگىنى «پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ ئاۋازى»، ئىككىنچىسىدە كۆرستىلگىنى «ھاگاي پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى» ئىدى. بۇ ئايەت بىزگە ھەقىقەت بىلەن خاتالىقنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدىغان بىر ئاچقۇچنى تەمىنلىگەن ئوخشايدۇ. مەلۇم بىر پەيغەمبەر ياكى خۇدانىڭ خەۋىرىنى توغرا يەتكۈزىدىغان ھەقىقىي تەلىم بەرگۈچى خۇدانىڭ سۆزىنى قىلغاندا، ئۇنى ئاڭلىغۇچى كىشىلەرنىڭ روھ-قەلبىدىمۇ ئۆز ھەقىقەتىنى تەستىقلاۋاتقان «خۇدانىڭ ئاۋازى» ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئاۋازنى قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولمايدۇ، ئۇ بەلكى ھەقىقەتنى بىلدۈرىدىغان، تونۇتۇپ يەتكۈزىدىغان بىرخىل جىمجىت ئىچكى ئاۋازدىن ئىبارەت. ئاۋاز ئادەمنىڭ ۋىجدانىدەك سۆزلەيدۇ؛ بىز ۋىجداننىڭ ئۆزىنى «خۇدانىڭ ئاۋازى» دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇڭا بىرسى تەلىم بەرگەندە ياكى بېشارەت بەرگەندە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەستىقلايدىغان خۇدانىڭ ئىچىمىزدە سۆز قىلىدىغان ئاۋازىنىمۇ ئىزدەپ ئاڭلىشىمىز كېرەك. بۇ تەستىقلاش بولمىسا، شۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى ھەرقانچە ھەيۋەتلىك ياكى پاساھەتلىك بولسىمۇ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىلىپ كەلگىنى خۇدانىڭ سۆزى بولمايدۇ. ھەربىر تەلىم بەرگۈچى بەزى ئەھۋال ئاستىدا خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئۆز سۆز-پىكىرلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېيتىدۇ، ئەلۋەتتە؛ قانداقلا بولمىسۇن بىز خۇدانىڭ ئۆزىدىن نېمە كەلگەنلىكىنى تەستىقلىشىنى كۈتۈشىمىزغا توغرا كېلىدۇ؛ چۈنكى خۇدانىڭ سۆز-كالامى ئۆزىگە ناھايىتى قىممەتلىكتۇر. بۇ نۇقتا تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئىسپاتلىنىدۇ: —

(1:13-14)

«ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىسى ھاگاي پەرۋەردىگارنىڭ خەۋىرىنى خەلققە يەتكۈزۈپ:

— «مەن سىلەر بىلەن بىللىدۇرمەن» — دەيدۇ پەرۋەردىگار، — دېدى.

ۋە پەرۋەردىگار شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى، يەھۇدانىڭ ۋالىيسى زەرۇببابەلنىڭ روھىنى، شۇنداقلا يەھوزاداكنىڭ ئوغلى، باش كاھىن يەشۇئانىڭ روھىنى ھەم خەلقنىڭ بارلىق قالدىسىنىڭ روھىنى

قوزغىدى؛ ئۇلار ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشلىدى».

خەلق خۇدانىڭ ھاگاينىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاۋاتقانلىقىنى ئۆز روھلىرىغا سالغانلىقىنى بىلىپ يەتتى، شۇڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا قوزغالدى. ھاگاي ئۇلار قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغىنىنىڭ سەۋەبىنى سىلەرنىڭ ئىشەنچسىزلىكىڭلار، خۇدانىڭ خىزمىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمىغىنىڭلاردىن، دەپ بايان قىلغانىدى. بۇ خەلققە نىسبەتەن، بىرىنچىدىن، قىيىنچىلىقنىڭ شۇ سەۋەبتىن بولغانلىقى («تاسادىپىيلىقتىن» ئەمەس) توغرۇلۇق ئۇلار كۆرەلەيدىغان ھېچقانداق ئىسپات يوق ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆي سېلىش ئىشلىرىنى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىنى باشلىسا، ئەھۋاللىرىنىڭ ياخشىلىنىدىغانلىقى ياكى ياخشىلانمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇلار كۆرەلەيدىغان ھېچ ئىسپات يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۈچ ئايغىچە ھېچقانداق ئىسپات بولمايتتى. بىراق ئۇلار خۇدانىڭ ئاۋازىنى كۆڭلىدە ئاڭلىغان؛ بۇ ئۇلار ئۈچۈن كۇپايە ئىدى. خۇدا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىمان-ئىشەنچىنى كۆرۈپ، ئۇنى تەستىقلاپ، خۇرسەن بولدى.

## خەلقنىڭ ئىمان-ئىشەنچىنىڭ سىنىلىشى

ھاگاينىڭ 29-ئاۋغۇستتا بەرگەن بىرىنچى بېشارىتىدىن كېيىن، خەلق قۇرۇلۇشنى باشلىغۇچە 23 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كېچىكتۈرۈش بەلكىم مېۋە ھوسۇلىنىڭ قالدۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان بولسا كېرەك. ئەمدىلىكتە ئۇ ياخشى ھوسۇل بەرمىگەن، بەلكى ھوسۇلى يوق دېيەرلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن (2:16-17-ئايەتلەر). ئۇلار ئىشلەشكە كىرىشكەن بىر ئايدىن كېيىن، يەنى «كەپە تىكىش» ھېيتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە، ھاگايغا ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشكە يەنە بىر سۆز چۈشتى. بۇ بېشارەت مۇنۇ دادىل گەپنى ئىچىگە ئالدى: —

«كۈمۈش مېنىڭكى، ئالتۇن مېنىڭكى» — دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار».

ئاندىن تەخمىنەن ئىككى ئايدىن كېيىن، 18-دېكابىر ھاگاي يەنە بىر سۆزنى

ئۆلارغا ئېيتتى. بىز بۇ يەردە تولۇق نەقىل كەلتۈرىمىز: – (2:10-19دىن)

«دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى، توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ھاگاي پەيغەمبەر ئارقىلىق كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: –

«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: –

كاھىنلارغا سۆز قىلىپ ئۇلاردىن تەۋرات-قانۇنى توغرۇلۇق: – بىرسى تونىنىڭ ئېتىكىدە «خۇداغا ئاتالغان گۆش»نى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئېتىكى نانغا، ئۇماچقا، شارابقا، زەيتۇن مايغا ياكى ھەرقانداق ئاش-ئوزۇققا مۇنداقلا تېگىپ كەتسە، ئۇنداقتا ئۇ نەرسىلەر «خۇداغا ئاتالغان» بولامدۇ؟» – دەپ سورىغىن».

كاھىنلار جاۋابەن: «ياق» – دېدى.

ۋە ھاگاي: «بىرسى جەسەتكە تېگىپ «ناپاك» بولغان بولسا، ئۇ بۇ ئاش-ئوزۇقنىڭ قايسىبىرىگە تەگسە، ئۇنداقتا ئاش-ئوزۇق ناپاك بولامدۇ؟» – دەپ سورىدى.

كاھىنلار جاۋابەن: «ئۇ ناپاك بولىدۇ» – دېدى.

ئاندىن ھاگاي جاۋابەن مۇنداق دېدى: –«پەرۋەردىگار: «ئەمدى بۇ خەلق، بۇ «يات ئەل» مېنىڭ ئالدىمدىمۇ شۇنداقتۇر، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئىشلەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ شۇنداقتۇر، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ شۇ يەردە ماڭا ھەربىر سۇنغانلىرىمۇ ناپاكتۇر» – دەيدۇ» (2:10-14).

ئىزاھاتلىرىمىزدا بىز مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، كىشىلەرنى «پاك» ياكى «ناپاك» قىلىدىغان بەزى ئىشلار ئۈستىدە توختالدۇق. ئەمدى پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە بۇ توغرۇلۇق نېمە تەلىم بېرىۋاتىدۇ؟ نېمە ئىش ئارقىلىق خەلق «ناپاك» بولدى؟ دېگىنىمىزدەك خەلق ئىشقا كىرىشكەنىدى. خۇدا بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ: «مېنىڭ روھىم ئاراڭلاردا بولۇپ كەلدى» – دېدى. بىراق بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا: «مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قۇرساق، «خۇداغا ياردەم قىلغان بولىمىز»، «خۇداغا ئىلتىپات قىلغان بولىمىز»» دېگەندەك ئېغىر بىر خاتا ئۇقۇم بار ئىدى. ئىبادەتخانا پاك-مۇقەددەس بىر بىنا ئەمەسمۇ؟ ئۇنى قۇرۇپ چىقىش ناھايىتى

«ساۋابلىق ئىش» ئەمەسمۇ، ئۇلارنى خۇدا ئالدىدا «ساۋاب»قا ئېرىشتۈرىدىغان، بىزنى «پاك-مۇقەددەس قىلىدىغان» («خۇداغا ئاتايدىغان») ئىش ئەمەسمۇ؟

پەيغەمبەرنىڭ تەلىمى ئادەمنى بۇلغايدىغان بۇ خاتالىقنى ئۇلاردىن خالىي قىلىش ئۈچۈندۇر. ئىشنىڭ مېغىز-ماھىيىتى دەل بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكى ئۇنى قۇرغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىغا «تېگىش»ى ئارقىلىق ئۆتكەن ئەمەس. پاك-مۇقەددەسلىك «يۇقتۇرۇلىدىغان» بىر نەرسە ئەمەس. بىراق ناپاكلىق ۋە بۇزۇقلۇق ئەكسىچە دەل شۇنداق. ئۇلار 70 يىل سۈرگۈن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى سۈرگۈن قىلدۇرغان تەكەببۇرلۇق ۋە ئىشەنچسىزلىك گۇناھىدىن پاكلاندۇرۇلدىمۇ، ئۇنىڭدىن خالىي بولدىمۇ؟ دەرۋەقە ئۇلار ئون بەش يىلدىن كېيىن «قايتا قۇرۇلۇش» ئىشىنى باشلىغان. بۇ ياخشى ئىش، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇلار نېمىشقا ئون بەش يىل ئىشەنچسىزلىك ئىچىدە تۇردى؟ ئۇلار بۇ ئىشەنمەسلىكنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتكەنمۇ؟ ئۇلار خۇدانىڭ بۇ ئىشتا ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىپ، تېگىشلىك بولغان تېخىمۇ ئېغىر جازانى چۈشۈرمەي، ئۇلارغا رەھىم-شەپقىتىنى كۆرسەتىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنمۇ؟ ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىغا تەييارلىغان ياغاچنى ئۆز ئۆيلىرىنى بېزەشكە ئىشلەتكەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان. «ئىلتىپات قىلغۇچى» ئۇلار ئەمەس، بەلكى خۇدادۇر. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھەتتا بىر «يات ئەل»دەك ئىدى. ئۇلار ئۆز خۇداسى ئالدىدا ھەقىقىي ناپاك ئەھۋالىنى تونۇپ يەتمىسە، ئۇنداقتا ئۇلار دەل قۇرۇۋاتقان مۇقەددەس ئۆي، شۇ يەردە قىلماقچى بولغان قۇربانلىقلار، شۇنىڭدەك ئالتە ھەپتە ئىلگىرى يەرگە چاچقان ئۇرۇقمۇ ئىشەنچسىزلىكى، تەكەببۇرلۇقى ئارقىلىق بۇلغانغان بولىدۇ. «ئۆز گۇناھلىرىنى يوشۇرغان كىشى روناق تاپماس؛ بىراق ئۇلارنى تونۇپ ئىقرار قىلىپ، ئۇلاردىن ۋاز كەچكەن كىشى رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشەر» («پەند.» 13:28). خۇدا ئۇلارغا يېڭى بىر باشلىنىش پۇرسىتىنى بەرمەكچى ۋە بۇنىڭغا ئىسپات تەمىنلىمەكچى. ئۇلارغا بۇ ئىش ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش دەۋەت قىلىندى: ــ

(2:15-17) «ــ ئەمدى ھازىر كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار ــ بۈگۈندىن باشلاپ، مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ كۆرۈڭلار ــ تاكى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى تاش ئۈستىگە يەنە بىر تال تاش قويۇلغۇچە، شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كۈنلەردە، بىرسى «يىگىرمە كۈرە»لىك بىر

دۆۋە ئاشلىقنى ئالغىلى كەلگەندە، مانا پەقەت ئون كۈرىلا چىقتى؛ بىرسى شاراب كۆپىدىن ئەللىك كومزەك ئالغىلى كەلسە، مانا پەقەت يىگىرمە كومزەك چىقتى. مەن قوللىرىڭلار بىلەن ئىشلىگەن بارلىق ئىشلىرىڭلاردا سىلەرنى جۇدۇن، ھال ۋە مۆلدۈر ئاپەتلىرى بىلەن ئۇرۇپ كەلدىم؛ بىراق سىلەر يېنىمغا قايتمىدىڭلار».

خەلق بۇ كۈننى ئېسىدە تۇتۇشى كېرەك ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ خۇدانىڭ ئۆلارنىڭ زىرائەتلىرى ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان بەرىكىتىنى بايقىشى كېرەك. 9-ئاينىڭ 24-كۈنى (18-دېكابىر)گىچە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا روشەن ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇلارنىڭ تەئەللۇقاتلىرىدا،قىلغان ئىشلىرىدا ھېچ بەرىكەت بولمىدى. ھالبۇكى،خەلق ئىبادەتخانىنى قۇرۇشتىن قول ئۈزمەي، سادىقلىق بىلەن ئىشلىۋەردى. ھازىر خۇدا ئۇلارغا «يېڭى باشلىنىش» بېرىدۇ؛ بىراق بىلىپ يېتىشى كېرەككى، بەرىكەت ئۇلارنىڭ «ساۋابلىق ئىشلار»ى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مېھرى-شەپقىتى بىلەن بولغانىدى.

شۇڭا خۇدانىڭ سۆزى داۋاملىشىدۇ: –

(18:2-19) «ئەمدى ئۆتۈنىمەنكى، كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار – بۇ كۈن، يەنى توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنىدىن باشلاپ، مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ، – يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشىنى باشلىغان كۈنىدىن كېيىنكى ئىشلارغا كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار؛ دانلار ئامبارغا يىغىلدىمۇ؟ ئۈزۈم تاللىرى، ئەنجۈر، ئانار ھەم زەيتۇن دەرەخلىرى ھېچ مېۋە بەرمىدى. بىراق مەن بۇ كۈندىن باشلاپ سىلەرنى بەرىكەتلەيمەن».

ئۇلارنىڭ (سېنتەبىر ۋە ئۆكتەبىردىكى) مېۋە ھوسۇلى يوقىقا چىققان بولسىمۇ، ئۇلار ئالتە ھەپتە ئىلگىرىكى چاچقان ئۇرۇقلاردىن مول ھوسۇل چىقىدۇ؛ بۇ بولسا كۆپ بەرىكەتنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.

بۇ بېشارەتتىن ئۈزۈن ئۆتمەي، ئىنتايىن ھەيران قالارلىق ئىش يۈز بەردى. ۋەقە «ئەزرا»، 4-6-بابتا خاتىرىلەنگەن، بولۇپمۇ 6-باب، 8-12-ئايەتنى كۆرۈڭ. ئەسلىدە 15 يىل ئىلگىرى، ئىسرائىلنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن خەلقلەر ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ ئۆيىنى

قايتىدىن قۇرۇشقا قارشى چىقىپ، پارس ئىمپېراتورى ئاتاركسەركسسقا تۆھمەت قىلدىغان بىر شىكايەت خېتىنى يوللىغانىدى. ئاتاركسەركسس مۇشۇ خەتكە ئىشىنىپ، خىزمەتنى توختىتىش كېرەك دېگەن بىر يارلىقنى چۈشۈرگەنىدى.

ئەمدى ھازىر ئىشنى قايتىدىن باشلىغاندىن كېيىن، دەل مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەل-يۇرتلار يەنە: «يەھۇدىيلار پەرمانلىرىغا بويسۇنماي، بۇ ئىبادەتخانىنى قايتا قۇرماقتا، ئۇلارنى جازالاشلىرى كېرەك» دېگەندەك ئەرز-شىكايەتلەرنى يېزىپ يېڭى ئىمپېراتور دارىئۇسقا يوللىدى. خان بولسا بۇ ئەرز-شىكايەتلەرنى يۈزەكى بىر تەرەپ قىلمىدى، بەلكى ئىبادەتخانىغا دائىر بارلىق مەمۇرىي خاتىرىنامىلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇردىدىن بىرنەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغان بىر جايدىن، ئىمپېراتور قورەشنىڭ ئەسلى يارلىقىنىڭ بىر كۆچۈرمىسى تېپىلدى. بۇ يارلىقتا دەرۋەقە ئىبادەتخانىنى قايتا قۇرۇش زۆرۈر دېيىلگەنىدى. ئۇ «مېدىيالىقلار ۋە پارسلىقلارنىڭ بەلگىلىمىسى» بولۇپ، قائىدە-يوسۇن بويىچە ئۇنى ھېچ ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى. شۇڭا دارىئۇس دەرھال بۇ خىزمەتكە قارشى چىققانلارغا:

«سىلەر ئۇ يەردىن نېرى كېتىڭلار! خۇدانىڭ ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن! يەھۇدىيلارنىڭ باش ۋالىيسى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ خۇدانىڭ بۇ ئۆيىنى ئەسلىدىكى ئورنىغا سېلىشىغا يول قويۇڭلار.... پادىشاھلىق خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغان باج كىرىمىدىن سىلەر كېچىكتۈرمەي شۇ ئادەملەرگە تولۇق خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىڭلار، قۇرۇلۇش ھېچ توختاپ قالمىسۇن... خۇداغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇشقا، مەيلى تورپاق بولسۇن، قوچقار ياكى قوزىلار بولسىمۇ، شۇلار بېرىلسۇن... كاھىنلارنىڭ بەلگىلىگىنى بويىچە بۇغداي، تۇز، شاراب ياكى زەيتۇن مايلار بولسۇن شۇلارنىڭ بىرىمۇ كەم قىلىنماي، ھەر كۈنى تەمىن ئېتىپ تۇرۇلسۇن!» («ئەزرا» 6:1-12، قىسقارتىپ ئېلىندى) دېگەن بىر يارلىقنى چۈشۈردى! ھاگايغا ئىككى ئاي ئىلگىرىكى چۈشكەن يۇقىرىقى بېشارەت بۇنىڭ بىلەن تولۇق دەلىللەندى: ««كۈمۈش مېنىڭكى، ئالتۇن مېنىڭكى» ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار».

خەلق رىغبەتلەندۈرۈلۈپ، روھىي مەدەتكە ئېرىشىپ، خىزمەت داۋاملاشتۇرۇلدى؛

تۆت يېرىم يىلدىن كېيىن، يەنى دارىئۇس ئىمپېراتورنىڭ ئالتىنچى يىلىدا ئىبادەتخانا پۈتتۈرۈلدى («ئەزرا»، 6-بابنى كۆرۈڭ).

## ئاخىردا زەرۇببابەلگە بېرىلگەن سۆز توغرۇلۇق

(21-20:2) «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى شۇ ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى هاگايغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ
ــ يەهۇدىداغا ۋالىي بولغان زەرۇببابەلگە سۆز قىلىپ مۇنداق دېگىن: ـ
ــ «مەن ئاسمانلارنى، زېمىننى تەۋرىتىشكە تەمشىلىۋاتىمەن»

بۇ يەردە ۋە 6-ئايەتتە دېيىلگەن «تەۋرىتىش» ئاخىرقى زاماندىكى ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەۋرات، «يەشايا» 13-بابتا ئوخشاش ئىشلار تەسۋىرلىنىدۇ. شۇ كۈندە بارلىق نەرسە-شەيئىلەر تەۋرىتىلىدۇ، تەۋرىنىپ يوقىلىدۇ؛ پەقەت خۇدانىڭ تەۋرەتكىلى بولمايدىغان تەۋرەنمەس پادىشاھلىقىغا تەۋە بولغان ئىش-شەيئىلەرلا تەۋرەنمەي، قالىدۇ («ئىبر.» 28-25:12).

(22:2) «پادىشاھلىقلارنىڭ تەختىنى ئۆرۈۋېتىمەن، ئەللەرنىڭ پادىشاھلىقلىرىنىڭ كۈچىنى يوقىتىمەن؛ جەڭ هارۋىلىرى ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلارنى ئۆرۈۋېتىمەن؛ ئاتلار ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز قېرىندىشىنىڭ قىلىچى بىلەن موللاق ئاتقۇزۇلىدۇ».

مۇشۇ يەردە بىز كۆپ پادىشاھلىقلارنى بايقايمىز، لېكىن ئولتۇرىدىغان بىرلا تەخت بار. ئىشىنىمىزكى، بۇ «تەخت» دەججالنىڭكى، ئۇ كۆپ پادىشاھلىقلارنى باشقۇرىدۇ، ئاخىر بېرىپ مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن ۋەيران بولىدۇ.

(23:1) «شۇ كۈندە ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ
مەن سېنى، يەنى شېئالتىئەلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەلنى ئالىمەن، ــ

دەيدۇ پەرۋەردىگار ــ ئاندىن سېنى خۇددى مۆھۈرلۈك ئۈزۈكۈمدەك قىلىمەن؛ چۈنكى مەن سېنى تاللىۋالدىم، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار».

«شۇ كۈندە» ــ بۇ ئاخىرقى زاماندا؛ بېشارەت زەرۇببابەلنىڭ تىرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ مۆھۈرلۈك ئۈزۈكىدىن ئايرىلسا بولمىغىنىدەك، زەرۇببابەل خۇداغا ئىنتايىن يېقىن بولىدۇ، شۇنىڭدەك خۇدا ئۆز پادىشاھلىقىدا ئۇنى ئالاھىدە ئىشلىتىدۇ.

ئەيسا مەسىھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان زەرۇببابەلنىڭ ئەۋلادىدۇر. زەرۇببابەل كۆپ جەھەتلەردە بىزگە مەسىھ ئەيسانىڭ بىرخىل سىيماسىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ؛ ئۇ خۇدانىڭ يېقىنى بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقىگە باش بولۇپ، خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇل سالغۇچىسى ھەم پۈتتۈرگۈچىسىدۇر. ھازىر ھەممىمىز زەرۇببابەل قۇرغان ئىبادەتخانىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى رەب ئەيسا مەسىھ قۇرۇۋاتقان، ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتخانىنىڭ بىر قىسمى بولۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق! قىيامەت كۈنىدە قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھەربىرى بۇ ئەبەدىي ئىبادەتخانىدا تېپىلسۇن!

ئامىن!

# تەۋرات 38-قىسىم

# «زەكەرىيا»

## كىرىش سۆز

زەكەرىيا پەيغەمبەر ئۆز كىتابىدا ئۆزى توغرۇلۇق ئانچە كۆپ توختالمايدۇ. ئۇنىڭ نەسەبنامىسىدىن بوۋىسىنىڭ «ئىددو» ئىكەنلىكىنى بىلىمىز؛ «نەھ.» 16:12دىكى كاھىنلار تىزىملىكىدە كۆرسىتىلگەن زەكەرىيا «ئىددونىڭ ئوغلى زەكەرىيا» بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

پارس ئىمپېراتورى قورەش بابىل ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرغاندا، ئۇ يەھۇدىيلاردىن پەلەستىنگە قايتىمىز دېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە رۇخسەت بەردى؛ ھالبۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللىقاچان ئۆزلىرىنى بابىللىقلارنىڭ قۇللۇقىدىن ھۆر قىلىپ، بابىلدا راھەت تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان بولۇپ، قايتقۇسى يوق ئىدى؛ پەقەتلا خۇدانىڭ جۈرئەتلىك ۋە ئىخلاسمەن بىر «قالدى»سى قايتىپ، پەلەستىندە جاپالىق ھاياتنى كەچۈرۈپ، تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلىدى («يەش.» 20:10-22نى كۆرۈڭ).

ئۇلار قايتقاندا ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي باتۇرلۇق بىلەن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرۇشنى باشلىدى؛ ئەمما ئۇلار بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈپ بولالماستىنلا، تېزلا بەل قويۇۋېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ياساشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى؛ ھەتتا ئىبادەتخانىغا بېغىشلانغان ئەشيالارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئىشلىتىشكە باشلىدى. ھاگاي پەيغەمبەر ئۇلارغا ئىبادەتخانىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقا كېرەك، شۇنداق قىلساڭلار يولۇڭلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، دەپ بېشارەت بەردى. بۇ بېشارەتلەر «ھاگاي» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن. زەكەرىيامۇ شۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا ئوخشاش مەزمۇندا بېشارەت بەردى («ئەزرا» 1:5).

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇدا ئۇنىڭغا يەنە كەڭ دائىرىدە بېشارەتلەرنى بېرىپ، «قالدىي»لارنىڭ كۆڭلىگە: – بىرىنچىدىن، خۇدانىڭ شۇ زاماندىكى دۇنيادىكى ئىش-ۋەقەلەرنى قانداق ئىدارە قىلىدىغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، خۇدانىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ۋە يىراق كەلگۈسىدە، ھەتتا ئاخىرقى زامانلارغىچە ئىسرائىل ئۈچۈن نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئايان قىلىدۇ. «قالدىي»لارغا نىسبەتەن راھەت تۇرمۇشنى تاشلاپ، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرۇش خىزمىتىگە كىرىشىش ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى باشلىنىش ئىدى. خۇداغا تايانماسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىشنىڭ خەتىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئۇلارغا نىسبەتەن (3:1نى كۆرۈڭ)، زەكەرىيانىڭ بېشارەتلىرى ئۇلارنى خۇداغا تايىنىشقا، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆز-ئۆزىگە تايىنىشتىن چوڭقۇر ۋە تولۇق توۋا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئاخىرقى زاماندىكى ئىشلار توغرۇلۇق بېشارەتلەر خۇدانىڭ مەسىھنى پادىشاھ ھەم «پادىچى» سۈپىتىدە ئەۋەتىدىغانلىقى بىلەن باشلىنىدۇ (تەۋرات-ئىنجىل بويىچە، «ئاخىرقى زامانلار» مەسىھنىڭ بىرىنچى قېتىمقى دۇنياغا كېلىشى بىلەن باشلىنىدۇ). ئەمما بېشارەتلەر بويىچە، ئىسرائىللار مەسىھنى رەت قىلىدۇ. زاماننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئىسرائىللار بۇ ئىشتىن توۋا قىلىپ، مەسىھنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ شۇنداقلا، مەسىھ ئىسرائىلنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۆز پادىشاھلىقىنى يەر يۈزىدە بەرپا قىلىدۇ.

مانا بۇ زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ ئۆز كىتابىدا خاتىرىلىگەن ئۇلۇغ تېمىلاردۇر. ئاخىرىدا يەنە بىر ئىشنى تەكىتلەيمىزكى، زەكەرىيا تەۋرات دەۋرىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرى ئىدى؛ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان بېشارەتلەردە «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان بېشارەتلەر بىلەن ئاجايىب بىرلەشتۈرۈلۈپ يەكۈنلىنىدۇ (1:4-6). ئۇنىڭ بېشارەتلىرىدە تەۋراتتىكى باشقا تېكىستلەردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىرنەچچە يۈز يەرلەر باردۇر.

«زەكەرىيا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «پەرۋەردىگار ئەسلەيدۇ» ياكى «پەرۋەردىگار ئېسىگە كەلتۈرىدۇ» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئىسىم ئۇنىڭ «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىتىش خىزمىتى»گە تولىمۇ ماس كەلگەن. ئوقۇرمەنلەر تەۋراتنى ئۆگەنگەنسېرى «زەكەرىيا»نىڭ مۇشۇ ئاجايىب ئالاھىدىلىكىنى بايقايدۇ. بۇنداق پەۋقۇلئاددىيلىك نېمىشقا بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى زەكەرىيانىڭ ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا

ئۆز ئوي-پىكرىنى ئىسرائىللارغا تاپشۇرۇلغان بارلىق مۇقەددەس يازمىلار بىلەن سۇغارغانلىقىدا دەپ ئىشىنىمىز. شۇنداق بولغاچقا، زەكەرىيا مۇقەددەس روھنىڭ ئىشلىتىشىگە ھازىر بولۇپ، تەۋرات دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا تەۋرات پەيغەمبەرلىرىنىڭ بېشارەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈپ تېمىلىرىنىڭ ئاجايىب «بىرلەشتۈرۈلۈشى»نى ئادا قىلىشقا تولۇق تەييارلانغان قورال بولغانىدى.

بۇ «بىرلەشتۈرۈلۈش» نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «زەكەرىيا» دېگەن كىتاب پۈتكۈل مۇقەددەس كىتابنىڭ (تەۋرات-ئىنجىلنىڭ) ئاخىرقى قىسمى بولغان، يەنى بارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرىگە باغلىغان «ۋەھىي» دېگەن كىتابقا ئوخشاش رولدا بولالايدۇ (تەۋراتقا نىسبەتەن).

مەزكۇر كىتابتا «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ بېشارەتلىرىگە باغلانغان جايلار خېلىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەچكە، شۇنداقلا بۇنداق باغلىنىش يەرلىرىنى بايقاش تەۋراتنى تونجى ئوقۇغانلارغا نىسبەتەن بىرقەدەر قىيىن بولغاچقا، مۇشۇ باغلىنىشلارنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئوقۇرمەنلەرگە ئۇزۇنراق چۈشەندۈرۈشنى سۇندۇق.

تەرجىمە جەريانىدا ھەم «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى يازغىنىمىزدا يەھۇدىي مەسىھىي ئۇلۇغ ئالىم داۋۇت بارونىڭ «زەكەرىيا پەيغەمبەر كۆرگەن كۆرۈنۈشلەر ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن بېشارەتلەر» (1918) دېگەن ئەسىرىدىن كۆپ پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا كۆپ تەشەككۈرلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز.

## مەزمۇن: ـ

### بىرىنچى قىسىم: ـ

(1) توۋا قىلىشقا چاقىرىق (1:1-6)
(2) سەككىز كۆرۈنۈش (1:7-6:8)
(ئا) ئاتلار ـ خاداس دەرەخلىرى ئارىسىدىكى پەرىشتە (1:7-17)
(ئە) مۈڭگۈزلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر (1:18-21)
(ب) ئۆلچەش تانىسىنى تۇتقان يىگىت (2:1-13)
(پ) باش كاھىن يەشۇئانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئالدىدا تۇرۇشى (3:1-10)
(ت) ئالتۇن چىراغدان (4:1-14)
(ج) ئۇچار ئورام يازما (5:1-4)
(چ) سېۋەتتە ئولتۇرغان ئايال ـ «رەزىللىك» (5:5-11)
(خ) جەڭ ھارۋىلىرى (6:1-8)
(3) بېشارەتلىك ھەرىكەت ـ باش كاھىن يەشۇئاغا تاج كىيدۈرۈش (6:9-15)
(4) روزا تۇتۇش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ـ ئىنكار جاۋاب ۋە ئۈمىدلىك جاۋاب (7-8-باب)

### ئىككىنچى قىسىم: ـ

(5) پەرۋەردىگارنىڭ يۈكلىگەن بىرىنچى سۆز-كالامى ـ («بۈيۈك ئىسكەندەر» توغرۇلۇق بېشارەت، ھەققىي ۋە ساختا پادىچىلار) (9-11-باب)
(6) پەرۋەردىگارنىڭ يۈكلىگەن ئىككىنچى سۆز-كالامى ـ ئاخىرقى زامانلار

(12-14-باب)

# زەكەرىيا

## ئاتا-بوۋىلىرىڭلاردەك بولماڭلار!

1 [1] دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى سەككىزىنچى ئايدا،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئىددونىڭ نەۋرىسى، بەرەكىيانىڭ ئوغلى
زەكەرىيا پەيغەمبەرگە كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ــ «پەرۋەردىگار ئاتا-بوۋىلىرىڭلاردىن ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەندى.
[3] شۇڭا سەن ئۇلارغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار: ــ «مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ
يېنىڭلارغا قايتىپ كېلىمەن» دەيدۇ»، ــ دېگىن.
[4] ــ ئاتا-بوۋىلىرىڭلاردەك بولماڭلار؛ چۈنكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر
ئۇلارغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار: ــ رەزىل
يوللىرىڭلاردىن، رەزىل قىلمىشلىرىڭلاردىن يېنىپ توۋا قىلىڭلار،
دېگەن»، ــ دەپ جاكارلىغان. بىراق ئۇلار ماڭا قۇلاق سالمىغان،
بويسۇنمىغان، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[5] ــ سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ھازىر قېنى؟ پەيغەمبەرلەر بولسا،

---

1:1 **«دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى سەككىزىنچى ئايدا...»** ــ «دارىئۇس پادىشاھ» يەنى «دارىئۇس خىسپاستىپىس» (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 521-485-يىلى). **«سەككىزىنچى ئايدا...»** ــ كىتابتا ئىپتىلغان ئايلار يەھۇدىيلارنىڭ كونا كالىپندارى بويىچە ئىدى. بۇ ئاي مىلادىيەدىن ئىلگىرى 520-يىلى ئۆكتەبىرگە توغرا كېلىدۇ.

3:1 **«شۇڭا سەن ئۇلارغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار: ــ «...» دەيدۇ»، ــ دېگىن»** ــ ئەسلى شەكلى: «شۇڭا سەن ئۇلارغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىڭلار» ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ «مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا يېنىپ كېلىمەن» ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار!».

**4:1** يەش. 6:31؛ يەر. 12:3؛ 11:18؛ ئەز. 30:18؛ ھوش. 2:14

مەڭگۈ ياشامدۇ؟ [6] لېكىن مېنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇغان سۆزلىرىم
ۋە بەلگىلىمىلىرىم، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ بېشىغىمۇ چۈشكەن
ئەمەسمىدى؟».
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولىدىن يېنىپ: ــ «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار يوللىرىمىز ۋە قىلمىشلىرىمىز بويىچە بىزنى
قانداق قىلىمەن دېسە، شۇنداق قىلدى» ــ دېگەن.

## سەككىز ئالامەت كۆرۈنۈش
## بىرىنچى ئالامەت كۆرۈنۈش ــ ئاتلىق ئادەم
## ۋە ئۈچ خىل رەڭلىك ئاتلار

[7] دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئون بىرىنچى ئاي، يەنى
«شېبات ئېيى»نىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ كالامى
ئىددونىڭ نەۋرىسى، بەرەكىيانىڭ ئوغلى زەكەرىيا پەيغەمبەرگە كەلدى.
ئۇ مۇنداق بېشارەتنى كۆردى: ــ
[8] مەن كېچىدە ئالامەت كۆرۈنۈشلەرنى كۆردۈم؛ مانا، تورۇق ئاتقا مىنگەن
بىر ئادەمنى كۆردۈم؛ ئۇ چوڭقۇر ئويمانلىقتىكى خاداس دەرەخلىرى

---

5:1 **«پەيغەمبەرلەر بولسا، مەڭگۈ ياشامدۇ؟»** ــ مەزكۇر رىتورىك سوئال بەلكىم خەلقنىڭ دىققىتىنى پەيغەمبەرلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلغان. ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ دۇنيادىن كېتىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ سۆزلىرى، يەنى خۇدانىڭ سۆزلىرى يەنىلا ئىناۋەتلىك، شۇنداقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا (6-ئايەتنى كۆرۈڭ).

—بەزى ئالىملار: «پەيغەمبەرلەر مەڭگۈ ياشامدۇ؟» دېگەن سوئالنى خەلقنىڭ زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ ئىمانسىزلىك بىلەن بەرگەن جاۋابىدۇر، دەپ قارايدۇ.

6:1 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولىدىن يېنىپ: ـــ ... پەرۋەردىگار يوللىرىمىز ۋە قىلمىشلىرىمىز بويىچە بىزنى قانداق قىلىمەن دېسە، شۇنداق قىلدى، ـــ دېگەن»** ــ «ئۇلار» بەلكىم نەق مەيداندا زەكەرىياغا قۇلاق سېلىپ تۇۋا قىلغان خەلق.

**6:1** يىغ. 18:1

7:1 **«دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئون بىرىنچى ئاي، يەنى «شېبات ئېيى»نىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى...»** ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرى 519-يىلى، 15-فېۋرال.

**ئارىسىدا تۇراتتى؛ ئۇنىڭ كەينىدە تورۇق، ئالا-تاغىل ۋە ئاق ئاتلار
بار ئىدى. [9] مەن ئۇنىڭدىن: «تەقسىر، بۇلار نېمە؟» ــ دەپ سورىدىم.
مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە ماڭا: «مەن ساڭا بۇلارنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىمەن» ــ دېدى.
[10] خاداس دەرەخلىرى ئارىسىدا تۇرغان زات جاۋابەن: «بۇلار
پەرۋەردىگارنىڭ يەر يۈزىنى ئۇيان-بۇيان كېزىشكە ئەۋەتكەنلىرى» ــ
دېدى.
[11] بۇ ئاتلار خاداس دەرەخلىرى ئارىسىدا تۇرغان پەرۋەردىگارنىڭ
پەرىشتىسىگە جاۋاب قىلىپ: «بىز يەر يۈزىدە ئۇيان-بۇيان كېزىپ
كەلدۇق؛ مانا، پۈتكۈل يەر يۈزى تىپتىنچ، ئاراملىقتا تۇرۇۋاتىدۇ» ــ
دېدى.
[12] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى جاۋابەن: «ئى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، قاچانغىچە سەن بۇ يەتمىش يىلدىن بېرى
ئاچچىقلىنىپ كېلىۋاتقان يېرۇسالېم ۋە يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىگە
رەھىم قىلمايسەن؟» ــ دېدى.**

---

8:1 **«چوڭقۇر ئويمانلىقتىكى خاداس دەرەخلىرى ئارىسىدا »** ــ «خاداس دەرىخى» پاكار ئۆسىدىغان، خۇش پۇراقلىق، دارچىندەك بىر دەرەخ. **«ئالا-تاغىل»** ــ ياكى «جەدە رەڭلىك»، «قوڭۇر رەڭلىك».

9:1 **«مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە»** ــ ئىزاھات: «خاداس دەرەخلىرى ئارىسىدا تۇرغان ئادەم» (8-، 10-ئايەتتە) بولسا «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى». «مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە» بولسا «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ئەمەس. تەۋراتتىكى باشقا قىسىملاردىن بىلىمىزكى، «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» خۇدانىڭ ۋەكىلى بولۇپلا قالماي، يەنە خۇدانىڭ تەبىئىتىدە بولغان بىر شەخس؛ ئىشىنىمىزكى، ئۇ مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى بولۇپ، ئىنسانلار دۇنياسىدا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، «ئادەم» قىياپىتىدە دۇنيادا كۆرۈنگەن. كېيىنكى تېكىستلەردىن قارىغاندا، «مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە» بولسا «ئاددىي بىر پەرىشتە» ئىدى (ئۇ 2-باب، 3-4-ئايەتتە باشقا پەرىشتە تەرىپىدىن ئىشقا بۇيرۇلغان). ئۇ بەلكىم زەكەرىياغا ئالامەت كۆرۈنۈشتە يولباشچى ھەم چۈشەندۈرگۈچى رولىدا بولغان.

12:1 **«...سەن بۇ يەتمىش يىلدىن بېرى ئاچچىقلىنىپ كېلىۋاتقان يېرۇسالېم ۋە يەھۇدانىڭ شەھەرلىرى...»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بار بولۇشى كېرەككى، ئىسرائىل خۇدانىڭ جازاسى بىلەن بابىل ئىمپېرىيەسىدە 70 يىل سۈرگۈن بولغان («يەر.» 25:11-12، «دان.» 9:2نى كۆرۈڭ).

13 پەرۋەردىگار مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىگە يېقىملىق
سۆزلەر، تەسەللىي بەرگۈچى سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەردى.
14 شۇنىڭ بىلەن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە ماڭا مۇنداق دېدى:
— سەن مۇنداق جاكارلىغىن: — ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار: «يېرۇسالېم ۋە زىئونغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىمدىن
يۈرىكىم لاۋۇلداپ كۆيىدۇ! 15 شۇنىڭ بىلەن مەن ئەركىن-ئازادىلىكتە
ياشاۋاتقان ئەللەرگە قاتتىق غەزەپلىنىمەن؛ چۈنكى مەن خەلقىمگە
سەللا غەزەپلىنىپ قويىۋۇدىم، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ خەلقىمگە
زور ئازار قىلدى»، دەيدۇ. 16 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن
يېرۇسالېمغا رەھىم-شەپقەتلەر بىلەن قايتىپ كەلدىم؛ مېنىڭ ئۆيۈم
ئۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلىدۇ» — دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار، — «ۋە يېرۇسالېم ئۈستىگە «ئۆلچەم تانىسى» يەنە
تارتىلىدۇ».
17 — يەنە مۇنداق جاكارلىغىن: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ شەھەرلىرىم يەنە ئاۋاتلىشىدۇ،
پەرۋەردىگار يەنە زىئونغا تەسەللىي بېرىدۇ ۋە يېرۇسالېمنى يەنە
تاللىۋالىدۇ».

---

15:1 **«شۇنىڭ بىلەن مەن ئەركىن-ئازادىلىكتە ياشاۋاتقان ئەللەرگە قاتتىق غەزەپلىنىمەن»** — تەۋرات ھەم زەبۇردىكى «ئەللەر» دېگەن سۆز ئادەتتە ئىسرائىلدىن باشقا بارلىق خەلقلەرنى، يەنى «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بەزىدە «يات ئەللەر» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. تەۋراتتا «ئەللەر»، «تائىپىلەر»، «يات ئەللەر» ياكى «خەلق-مىللەتلەر» دېيىلسە، ھەردائىم مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ. **«چۈنكى مەن خەلقىمگە سەللا غەزەپلىنىپ قويىۋۇدىم، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ خەلقىمگە زور ئازار قىلدى»** — خۇدا ئىسرائىلدىن (بۇتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن) غەزەپلىنىپ ئۇلارغا «يات ئەللەر» ئارقىلىق ئازار بەرگۈزۈپ جازالاپ، بابىل ئىمپېرىيەسىگە 70 يىل سۈرگۈن قىلدۇرغان. بىراق «يات ئەللەر» بۇ ئىشتا خۇدانىڭ جازاسىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ تولىمۇ رەھىمسىزلىك قىلغان.
16:1 **«ئۆلچەم تانىسى تارتىلىدۇ»** — دېمەك، ئۆلچەم تانىسىدا شەھەرنى ئۆلچەش يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ قايتىدىن تولۇق قۇرۇلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
**16:1** ئەز. 23:11

## ئىككىنچى ئالامەت كۆرۈنۈش ــ «تۆت مۈڭگۈز» ۋە «تۆت ھۈنەرۋەن»

[18] ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈردۈم، مانا تۆت مۈڭگۈزنى كۆردۈم. [19] مەن
بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن: «بۇلار نېمە؟» دەپ سورىدىم.
ئۇ ماڭا: «بۇ يەھۇدا، ئىسرائىل ۋە يېرۇسالېمنى تارقىتىۋەتكەن
مۈڭگۈزلەردۇر» ــ دېدى.
[20] ۋە پەرۋەردىگار ماڭا تۆت ھۈنەرۋەننى كۆرسەتتى. [21] مەن: «بۇ
ھۈنەرۋەنلەر نېمە ئىش قىلغىلى كەلدى؟» دەپ سورىدىم.
ئۇ: «مانا بۇلار بولسا يەھۇدادىكىلەرنى ھېچكىم قەددىنى
رۇسلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە تارقىتىۋەتكەن مۈڭگۈزلەر؛ بىراق بۇ
ھۈنەرۋەنلەر مۈڭگۈزلەرنى دەككە-دۈككىگە چۈشۈرگىلى، يەنى
ئەللەرنىڭ يەھۇدانىڭ زېمىنىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن كۆتۈرگەن
مۈڭگۈزلىرىنى يەرگە تاشلىۋەتكىلى كەلدى!» ــ دېدى.

## ئۈچىنچى ئالامەت كۆرۈنۈش ــ ئۆلچەش تانىسىنى تۇتقان يىگىت

2 [1] ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، مانا قولىدا ئۆلچەم تانىسىنى
تۇتقان بىر ئادەمنى كۆردۈم [2] ۋە ئۇنىڭدىن: «نەگە بارىسەن؟»
دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «مەن يېرۇسالېمنى ئۆلچىگىلى، ئۇنىڭ
كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەپ بىلگىلى بارىمەن» ــ دېدى.
[4] مانا، مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە چىقتى؛ يەنە بىر
پەرىشتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە چىقتى [4] ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق
دېدى: ــ يۈگۈر، بۇ ياش يىگىتكە سۆز قىل، ئۇنىڭغا مۇنداق
دېگىن: ــ «يېرۇسالېم ئۆزىدە تۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋە ماللارنىڭ

---

21:1 «مەن: «بۇ ھۈنەرۋەنلەر نېمە ئىش قىلغىلى كەلدى؟» دەپ سورىدىم...» ــ
ئەمدى بۇ «تۆت مۈڭگۈز» ۋە «تۆت ھۈنەرۋەن» نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈستىدە «قوشۇمچە
سۆز»ىمىزدە ئازراق پىكىرلىشىمىز.

**كۆپلۈكىدىن سېپىلسىز شەھەرلەردەك بولىدۇ. 5 — ۋە مەن پەرۋەردىگار**
**ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوت-يالقۇن سېپىلى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شان-**
**شەرىپى بولىمەن. 6 — ھوي! ھوي! شىمالىي زېمىندىن قېچىڭلار، —**
**دەيدۇ پەرۋەردىگار، — چۈنكى مەن سىلەرنى ئاسماندىكى تۆت تەرەپتىن**
**چىققان شامالدەك تارقىتىۋەتكەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار».**
**7 «— ھەي! ئى بابىل قىزى بىلەن تۇرغۇچى زىئون، قاچقىن! 8 چۈنكى**
**ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — ئۆز**
**شان-شەرىپىنى دەپ ئۇ مېنى سىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ئەللەرگە**
**ئەۋەتتى؛ چۈنكى كىم سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئۆزىنىڭ كۆز قارىچۇقىغا**
**چېقىلغان بولىدۇ.**

---

4:2 **«يۈگۈر، بۇ ياش يىگىتكە سۆز قىل، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: — «يېرۇسالېم ئۆزىدە تۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋە ماللارنىڭ كۆپلۈكىدىن سېپىلسىز شەھەرلەردەك بولىدۇ»** — دېمەك، كەلگۈسى يېرۇسالېم ناھايىتى چوڭ بىر شەھەر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاھالىسى بەربىر ھەرقانداق سېپىلنىڭ ئىچىگە پاتمايدۇ؛ دېمەك، مۇشۇ يىگىتنىڭ ئۇنىڭ «كەڭلىكىنى، ئۇزۇنلۇقى»نى ئۆلچىشى بىكار ئىش بولمامدۇ؟!

6:2 **«مەن سىلەرنى ئاسماندىكى تۆت تەرەپتىن چىققان شامالدەك تارقىتىۋەتكەن»** — «تۆت تەرەپتىن چىققان شامال» ئىبرانىي تىلدا: «ئاسماندىكى تۆت شامال» دېيىلىدۇ — شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپلەردىن چىقىدىغان شاماللار.

7:2 **«— ھەي! ئى بابىل قىزى بىلەن تۇرغۇچى زىئون، قاچقىن !»** — بابىل ئىمپېرىيەسى زەكەرىيانىڭ بېشارىتىدىن 20 يىل ئىلگىرى ۋەيران قىلىنغانىدى. شۇڭا بىز مۇشۇ سۆزلەر ۋە كېيىنكى ئالتە ئايەتنى ئاخىرقى زامانىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. بىراق شۇ چاغدىكى يەھۇدا ۋە يېرۇسالېم بېشارەتلەردىن خېلى ئۈمىد ئالالايدۇ، چۈنكى بېشارەتلەر خۇدانىڭ ئۇلارغا بولغان مەڭگۈلۈك مەقسەتلىرىنىڭ ھېچقاچان ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ.

8:2 **«ئۆز شان-شەرىپىنى دەپ ئۇ مېنى سىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ئەللەرگە ئەۋەتتى»** — باشقا تەرجىمىلىرى: «شان-شەرەپ ئايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى سىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ئەللەرگە ئەۋەتتى»، ياكى «شەرەپ-ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرۈلگىنىمدىن كېيىن، ئۇ... مېنى ئەۋەتتى». قايسى تەرجىمىسى توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلىدۇكى، پەرۋەردىگار ئۆزى «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار»نى ئەۋەتىدۇ (9-ئايەت، 6-باب، 15-ئايەت، 10-باب، 12-ئايەتلەردىمۇ ئوخشاش ئىشنى كۆرەلەيمىز). بىز ئەمدى ئىنجىلدىن چۈشىنىمىزكى، خۇدا دۇنياغا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ ئۆزى خۇدالىق تەبىئىتىدىدۇر، ئۇ خۇدانىڭ ئەزەلدىن بولغۇچى مەڭگۈلۈك «كالامى»دۇر. شۇبھىسىزكى، مۇشۇ ئايەتتىكى «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» بولسا، «خۇدانىڭ كالامى»، مەسىھدۇر (تەۋرات، «يەش.» 16:48نىمۇ كۆرۈڭ).

[9] چۈنكى مانا، مەن ئۆز قولۇمنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سىلكىيمەن،
ئۇلار ئۆزلىرىگە قۇل قىلىنغۇچىلارغا ئولجا بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن
سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مېنى
ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر.
[10] ناخشىلارنى ياڭرىتىپ شادلان، ئى زىئون قىزى؛ چۈنكى مانا،
كېلىۋاتىمەن، ئاراڭدا ماكانلىشىمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار، [11] ۋە شۇ
كۈندە كۆپ ئەللەر پەرۋەردىگارغا باغلىنىدۇ، ماڭا بىر خەلق بولىدۇ؛
ئاراڭدا ماكانلىشىمەن ۋە سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر؛ [12] شۇنىڭدەك
پەرۋەردىگار يەھۇدانى ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس زېمىنى»دا نېسىۋىسى
بولۇشقا مىراس قىلىدۇ ۋە يەنە يېرۇسالېمنى تاللىۋالىدۇ.
[13] بارلىق ئەت ئىگىلىرى پەرۋەردىگار ئالدىدا سۈكۈت قىلسۇن! چۈنكى
ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ماكانىدىن قوزغالدى!»

## تۆتىنچى ئالامەت كۆرۈنۈش ـ
## يەشۇئا باش كاھىننى كىيىندۈرۈش

3 [1] ئاندىن ئۇ ماڭا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان
باش كاھىن يەشۇئانى، شۇنىڭدەك يەشۇئانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇنىڭ
بىلەن دۈشمەنلىشىشكە تۇرغان شەيتاننى كۆرسەتتى.

---

**10:2** لاۋ. 12:26؛ ئەز. 27:37؛ 2كور. 16:6

1:3 **«ئاندىن ئۇ ماڭا ... باش كاھىن يەشۇئانى، شۇنىڭدەك يەشۇئانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشكە تۇرغان شەيتاننى كۆرسەتتى»** ــ ئوقۇرمەنلەر بەلكىم بىلىدۇكى، «يەشۇئا» (ياكى «يەھوشۇئا») يەھۇدىيلار ئارىسىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان ئىسىم بولۇپ، مەنىسى: «پەرۋەردىگار قۇتقۇزغۇچى» دېگەنلىكتۇر. «ئەيسا» دېگەن ئىسىم «يەشۇئا»نىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئېيتىلىشىدۇر.

—«شەيتان» دېگەننىڭ مەنىسى: «دۈشمەن، كۈشەندە».

—بۇ ئايەت ئىبرانىي تىلىدا: «ئاندىن ئۇ ماڭا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان باش كاھىن يەشۇئانى، شۇنىڭدەك يەشۇئانىڭ ئوڭ تەرىپىدە شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا «شەيتان بولۇش»قا تۇرغانلىقىنى كۆرسەتتى» ــ دېيىلىدۇ.

2 پەرۋەردىگار شەيتانغا: «پەرۋەردىگار سېنى ئەيىبلىسۇن، ئى شەيتان!
بەرھەق، يېرۇسالېمنى تاللىۋالغان پەرۋەردىگار سېنى ئەيىبلىسۇن! بۇ
كىشى ئوتتىن تارتىۋېلىنغان بىر چوچۇلا ئوتۇن ئەمەسمۇ؟» ــ دېدى.
3 يەشۇئا بولسا پاسكىنا كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا پەرىشتىنىڭ
ئالدىدا تۇراتتى.
4 ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلارغا: «بۇ پاسكىنا كىيىمنى ئۇنىڭدىن
سالدۇرۇۋېتىڭلار» ــ دېدى ۋە ئۇنىڭغا: «قارا، مەن قەبىھلىكىڭنى
سەندىن ئېلىپ كەتتىم، ساڭا ھېيتلىق كىيىم كىيگۈزدۇم» ــ دېدى.
5 مەن: «ئۇلار بېشىغا پاكىز بىر سەللىنى ئورىسۇن!» ــ دېدىم. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار پاكىز بىر سەللىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئوراپ، ئۇنىڭغا كىيىم
كىيدۈردى؛ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بىر ياندا تۇراتتى.
6 ۋە پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يەشۇئاغا مۇنداق جېكىلىدى: ــ
7 «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ ئەگەر يوللىرىمدا ماڭساڭ، تاپىلىغىنىمنى چىڭ تۇتساڭ، مېنىڭ
ئۆيۈمنى باشقۇرىسەن، ھويلىلىرىمغا قارايدىغان بولىسەن؛ ساڭا
يېنىمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىمەن.
8 ــ ئى باش كاھىن يەشۇئا، سەن ۋە سېنىڭ ئالدىڭدا ئولتۇرغان
ھەمراھلىرىڭ ئاڭلاڭلار (چۈنكى ئۇلار بېشارەتلىك ئادەملەر): ــ مانا،

---

2:3 **«بەرھەق، يېرۇسالېمنى تاللىۋالغان پەرۋەردىگار سېنى ئەيىبلىسۇن! بۇ كىشى ئوتتىن تارتىۋېلىنغان بىر چوچۇلا ئوتۇن ئەمەسمۇ؟»** ــ بۇ سۆز يەشۇئانى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە؛ ۋە بەلكىم يەشۇئانىڭ بابىلغا سۈرگۈن بولۇشتىكى سىناق-ئازدۇرۇشلىرىدىن قۇتقۇزۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە كۆرسەتكىنىمىزدەك، بۇ ئىشتا يەشۇئا ئىسرائىلغا ۋەكىل قىلىنىدۇ.

2:3 يەھ. 9

4:3 **«ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلار»** ــ بىزنىڭچە پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئالدىدىكى پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

4:3 مىك. 18:7

5:3 **«مەن: «ئۇلار بېشىغا پاكىز بىر سەللىنى ئورىسۇن!» ــ دېدىم...»** ــ بۇ سۆز بەلكىم زەكەرىيانىڭ دۇئاسى ــ دېمەك، «يەشۇئانىڭ كاھىنلىق كىيىملىرى تولۇق بولسۇن!». **«سەللە»** ــ ياكى «باش چەمبىرىكى». «يەش.» 3:62نى كۆرۈڭ.

5:3 يەش. 3:62

مەن «شاخ» دەپ ئاتالغان قۇلۇمنى مەيدانغا چىقىرىمەن. [9] مانا، مەن
يەشۇئانىڭ ئالدىغا قويغان تاشقا قارا! ــ بۇ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە
يەتتە كۆز بار؛ مانا، مەن ئۇنىڭ نەقىشلىرىنى ئۆزۈم ئويىمەن، ــ
دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ــ ۋە مەن بۇ
زېمىننىڭ قەبىھلىكىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلايمەن.
[10] شۇ كۈنى، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار،
ــ ھەربىرىڭلار ئۆز يېقىنىڭلارنى ئۈزۈم تېلى ۋە ئەنجۈر دەرىخى ئاستىغا
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىسىلەر».

## بەشىنچى ئالامەت كۆرۈنۈش ــ ئالتۇن چىراغدان

4 [1] ئاندىن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە قايتىپ كېلىپ مېنى
ئويغىتىۋەتتى. مەن خۇددى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋېتىلگەن ئادەمدەك
بولۇپ قالدىم؛ [2] ئۇ مەندىن: «نېمىنى كۆردۈڭ؟» دەپ سورىدى. مەن: «مانا،
مەن پۈتۈنلەي ئالتۇندىن ياسالغان بىر چىراغداننى كۆردۈم؛ ئۇنىڭ ئۈستى
تەرىپىدە بىر قاچا، يەتتە چىرىغى ۋە يەتتە چىراغقا تۇتىشىدىغان يەتتە

---

8:3 **«مانا، مەن «شاخ» دەپ ئاتالغان قۇلۇم...»** ــ «مانا» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا «چۈنكى، مانا» دېيىلىدۇ. «چۈنكى» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەندە، ئەسلىدە ئۇنىڭ كەينىدە بىر سەۋەب بار بولۇشى كېرەك. بۇ سەۋەب يۇقىرىقى 1-7-ئايەتتە تېپىلىشى مۇمكىن، بىراق بىزگە ھازىرچە نامەلۇم. **«مېنىڭ «شاخ» دېگەن قۇلۇم»** ــ 6-باب، 12-13-ئايەتتىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ««شاخ» دېگەن قۇلۇم» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. «شاخ»، «يەشۇئا»، «ئۇنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغان ئادەملەر» ۋە تۆۋەندىكى ئايەتتىكى «يەتتە كۆزلۈك تاش» ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**8:3** يەش. 2:4؛ 1:11؛ يەر. 5:23؛ 15:33؛ زەك. 12:6

9:3 **«بۇ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە يەتتە كۆز بار؛ مانا، مەن ئۇنىڭ نەقىشلىرىنى ئۆزۈم ئويىمەن»** ــ «كۆز» ئىبرانىي تىلىدا «بۇلاق» دېگەن مەنىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار شۇ مەنىدە چۈشىنىپ مۇنداق تەرجىمە قىلىدۇ: «بۇ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە يەتتە بۇلاق بار؛ مەن بۇلارنىڭ ئاغزىلىرىنى ئاچىمەن...». 3-باب، 10-ئايەتتە يەتتە كۆز تىلغا ئېلىنغاچقا، بىز ئەسلى «كۆز» دېگەن مەنىدە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمىز. مۇمكىنچىلىكىمۇ باركى، «كۆز» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**9:3** زەك. 10:4؛ ۋەھ. 6:5؛ زەب. 22:118؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛ مات. 42:21؛ 1پېت. 4:2؛ يەش. 16:49؛ يۇھ. 20:20، 25-27؛ زەك. 1:13

نەيچە بار ئىكەن؛ [3] ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى زەيتۇن دەرىخى بار، بىرسى
ئوڭ تەرەپتە، بىرسى سول تەرەپتە»، دېدىم. [4] ئاندىن جاۋابەن مەن بىلەن
سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن: «ئى تەقسىر، بۇلار نېمە؟» ــ دەپ سورىدىم.
[5] مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە ماڭا جاۋابەن: «بۇلارنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» ــ دېدى. مەن: «ياق، تەقسىر» ــ دېدىم.
[6] ئاندىن ئۇ ماڭا جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ مانا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ زەرۇببابەلگە قىلغان سۆزى: «ئىش
كۈچ-قۇدرەت بىلەن ئەمەس، ئىقتىدار بىلەن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ
روھىم ئارقىلىق پۈتىدۇ! ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار. [7] ــ ئى بۈيۈك تاغ، سەن زادى كىم؟ زەرۇببابەل
ئالدىدا سەن تۈزلەڭلىك بولىسەن؛ ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە
جىپسىما تاشنى قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: «ئىلتىپاتلىق
بولسۇن! ئىلتىپات ئۇنىڭغا!» دېگەن تovۋلاشلار ياڭراپ ئاڭلىنىدۇ».
[8] ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[9] «زەرۇببابەلنىڭ قولى مۇشۇ ئۆينىڭ ئۇلىنى سالدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرى
ئۇنى پۈتتۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر. [10] كىم
ئەمدى مۇشۇ «كىچىك ئىشلار بولغان كۈن»نى كۆزگە ئىلمىسۇن؟ چۈنكى
بۇلار شادلىنىدۇ، ــ بەرھەق، بۇ «يەتتە» شادلىنىدۇ، ــ زەرۇببابەلنىڭ قولى

**2:4 «يەتتە چىرىغى ۋە يەتتە چىراغقا تۇتىشىدىغان يەتتە نەيچە بار ئىكەن»** ــ ياكى «يەتتە چىراغنىڭ ھەربىرىنىڭ يەتتە پىلىكى بار ئىكەن».

**5:4** زەك. 14:4؛ ئەزرا 1:5؛ 14:6؛ ۋەھ. 11:3-4

**7:4 «ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە جىپسىما تاشنى قويىدۇ»** ــ «جىپسىما تاش» ــ سېلىنىۋاتقان ئۆينىڭ (مۇشۇ ئايەتتە ئىبادەتخانىنىڭ) ئەڭ ئاخىرقى قويۇلغان تېشىدۇر. **«شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: «ئىلتىپاتلىق بولسۇن! ئىلتىپات ئۇنىڭغا!» دېگەن تovۋلاشلار ياڭراپ ئاڭلىنىدۇ»** ــ «ئىلتىپاتلىق بولسۇن! ئىلتىپات ئۇنىڭغا!» دېگەن سۆزلەر بەلكىم ئىبادەتخانىغا، ياكى «ئەڭ ئۈستىدىكى جىپسىما تاش»، ياكى پۈتۈن قۇرۇلۇش ئىشىغا ئېيتىلىدۇ.

**7:4** يەش. 4:40

**9:4** يۇھ. 2:19-21

**تۇتقان تىك ئۆلچەم تېشىنى كۆرگەندە شادلىنىدۇ؛ بۇ «يەتتە» بولسا
پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىگە سەپسېلىپ قاراۋاتقان كۆزلىرىدۇر».
[11] مەن جاۋابەن پەرىشتىدىن: «چىراغداننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە
تۇرغان ئىككى زەيتۇن دەرىخى نېمە؟» دەپ سورىدىم؛ [12] ۋە
ئىككىنچى قېتىم سوئالنى قويۇپ ئۇنىڭدىن: «ئۇلارنىڭ
يېنىدىكى ئىككى ئالتۇن نەيچە ئارقىلىق ئۆزلىكىدىن «ئالتۇن»
قۇيۇۋاتقان شۇ ئىككى زەيتۇن شېخى نېمە؟» دەپ سورىدىم.
[13] ئۇ مەندىن: «بۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» دەپ
سورىدى. مەن: «ياق، تەقسىر» ــ دېدىم. [14] ئۇ ماڭا: «بۇلار پۈتكۈل
يەر-زېمىننىڭ ئىگىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان «زەيتۇن مېيىدا
مەسىھ قىلىنغان» ئىككى ئوغۇل بالىدۇر» ــ دېدى.**

---

**12:4 «..ئۆزلىكىدىن «ئالتۇن» قۇيۇۋاتقان شۇ ئىككى زەيتۇن شېخى...»** ــ مۇشۇ «ئالتۇن» بەلكىم «ئالتۇن رەڭلىك» زەيتۇن مېيى —
—ھەر تەرەپلىك روھىي رىغبەت-تەسەللىنى كۆرسەتسە كېرەك.

**14:4 ««زەيتۇن مېيىدا مەسىھ قىلىنغان» ئىككى ئوغۇل بالىدۇر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا: «زەيتۇن مايلىق ئىككى ئوغۇل بالا» دېيىلىدۇ.
—بۇ ئايەتتىك «ئىككى زەيتۇن دەرىخى» توغرىسىدا ئىككى كۆزقاراش بار.
—(1) ئىككى زەيتۇن دەرىخى زەرۇببابەل ۋە يەشۇئا، يەنى داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان پادىشاھنىڭ ئورنىدا تۇرغۇچى زەرۇببابەل ۋە باش كاھىن يەشۇئا. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرى ۋە كاھىنلىرى ئالاھىدە بىر پۇراقلىق زەيتۇن مېيى بىلەن «مەسىھ قىلىنغان»، بۇ ماي خۇدانىڭ روھىنىڭ مەدىتىنى بىلدۈرەتتى. شۇنىڭدەك پادىشاھ ۋە كاھىن (باشقا تەرەپلەردىن) خۇداغا ۋەكالەتچى بولاتتى. بۇ بىرىنچى كۆزقاراش بويىچە بۇ ئىككى ئادەمنىڭ خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئىلھام بېرىشى بىلەن، خەلق خۇدانىڭ نۇرىنى دۇنياغا چاچىدىغان «چىراغدان» بولىدۇ.
—(2) بۇ «مەسىھ قىلىنغان ئىككى ئوغۇل بالا» دەل زەكەرىيا ۋە ھاگاي پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزى؛ ئۇلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشلىرى بىلەن پۈتۈن خەلق، جۈملىدىن زەرۇببابەل ۋە يەشۇئا مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلماقتا؛ شۇنىڭ بىلەن يەنە «خۇدانىڭ نۇرىنى دۇنياغا چاچىدىغان «چىراغدان» بولىدۇ». بىزنىڭچە بۇ كۆزقاراش ئورۇنلۇق.

**14:4** زەك. 3:4؛ ئەزرا 1:5؛ 14:6؛ ۋەھ. 11:3-4

## ئالتىنچى ئالامەت كۆرۈنۈش ـ «ئۇچار ئورام يازما»

5 [1] ئاندىن مەن يەنە بېشىمنى كۆتۈرۈپ، مانا بىر ئۇچار ئورام يازمىنى كۆردۈم. [2] ئۇ مەندىن: «نېمىنى كۆردۈڭ؟» دەپ سورىدى. مەن: «بىر ئۇچار ئورام يازمىنى كۆردۈم؛ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى ئون گەز ئىكەن» ــ دېدىم.

[3] ئۇ ماڭا: «بۇ بولسا پۈتۈن زېمىن ئۈستىگە چىقىرىلغان لەنەتتۇر؛ چۈنكى ھەربىر ئوغرىلىق قىلغۇچى بۇ تەرىپىگە يېزىلغىنى بويىچە ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ؛ ۋە قەسەم ئىچكۈچىلەرنىڭ ھەربىرى ئۇ تەرىپىگە يېزىلغىنى بويىچە ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» ــ دېدى.

[4] ــ «مەن بۇ يازمىنى چىقىرىمەن» ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، «ۋە ئۇ ئوغرىنىڭ ئۆيىگە ھەمدە نامىم بىلەن يالغاندىن قەسەم ئىچكۈچىنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ ۋە شۇ ئۆيدە قونۇپ ئۇنى ياغاچ-تاشلىرى بىلەن قوشۇپلا يەۋېتىدۇ».

## يەتتىنچى ئالامەت كۆرۈنۈش ـ سېۋەتتە ئولتۇرغان ئايال ـ «رەزىللىك»

[5] ئاندىن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە چىقىپ ماڭا: «ئەمدى بېشىڭنى كۆتۈرگىن، نېمىنىڭ چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ باق» ــ دېدى.
[6] مەن: «ئۇ نېمە؟» ــ دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ چىقىۋاتقان «ئەفاھ» سېۋىتىدۇر»، ۋە: «بۇ بولسا شۇ رەزىللەرنىڭ پۈتۈن زېمىندىكى

---

2:5 **«ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى ئون گەز ئىكەن»** ــ ئىبرانىيلار ئىشلەتكەن «گەز» بەلكىم يېرىم مېتر ئىدى. ئورام يازمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى مۇسا پەيغەمبەرگە كۆرسىتىلگەن «مۇقەددەس چېدىر»نىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك («مىس.» 29-بابنى كۆرۈڭ).
4:5 **«مەن بۇ يازمىنى چىقىرىمەن... ۋە ئۇ ئوغرىنىڭ ئۆيىگە ھەمدە نامىم بىلەن يالغاندىن قەسەم ئىچكۈچىنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ ۋە شۇ ئۆيدە قونۇپ ئۇنى ياغاچ-تاشلىرى بىلەن قوشۇپلا يەۋېتىدۇ»** ــ «ئۇچار ئورام يازما» توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»لىمىزدە توختىلىمىز.

قىياپىتىدۇر» ــ دېدى.
[7] ئەفاھ سېۋىتىنىڭ ئاغزىدىن دۈملاق بىر قوغۇشۇن كۆتۈرۈلدى، مانا، ئەفاھ سېۋىتى ئىچىدە بىر ئايال ئولتۇراتتى.
[8] ئۇ: «بۇ بولسا، رەزىللىك»تۇر» ــ دەپ، ئۇنى ئەفاھ سېۋىتى ئىچىگە قايتۇرۇپ تاشلاپ، ئەفاھنىڭ ئاغزىغا ئېغىر قوغۇشۇننى تاشلاپ قويدى.
[9] بېشىمنى كۆتۈرۈپ، مانا ئىككى ئايالنىڭ چىققانلىقىنى كۆردۈم؛ شامال ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى يەلپۈتۈپ تۇراتتى (ئۇلارنىڭ لەيلەكنىڭكىدەك قاناتلىرى بار ئىدى)؛ ئۇلار ئەفاھنى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆتۈردى. [10] مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن: «ئۇلار ئەفاھنى نەگە كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ؟» ــ دەپ سورىدىم.
[11] ئۇ ماڭا: «ئۇلار ئەفاھ ئۈچۈن «شىنار زېمىنى»دا بىر ئۆي سېلىشقا كەتتى؛ ئۆي بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، ئەفاھ سېۋىتى شۇ يەردە ئۆز تۇرالغۇسىغا قويۇلىدۇ» ــ دەپ جاۋاب بەردى.

## سەككىزىنچى ئالامەت كۆرۈنۈش ـ ئاتلىق جەڭ هارۋىلىرى

6 [1] ئاندىن مانا، مەن يەنە بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىن تۆت جەڭ هارۋىسىنىڭ چىققانلىقىنى كۆردۈم.

6:5 «بۇ چىقىۋاتقان «ئەفاھ» سېۋىتىدۇر» ــ «ئەفاھ» بولسا ھەجىم ئۆلچىمى، تەخمىنەن 40 لىتر كېلىدۇ. مۇشۇ يەردە ھەم ئۆلچەم ھەم ئۆلچەيدىغان سېۋەتنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. «بۇ بولسا شۇ رەزىللەرنىڭ پۈتۈن زېمىندىكى قىياپىتىدۇر» ــ «رەزىللەر» ئىبرانىي تىلدا «ئۇلار». يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوغرى ۋە يالغانچىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئىبرانىي تىلدا «قىياپەت» «كۆز» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەنىسى بەلكىم: خۇدا ئۆز خەلقىگە كۆزى بىلەن يېتەكچىلىك قىلغىنىدەك («زەب.» 8:32) شەيتانمۇ ئۆزىگە تەۋە بولغانلارنى «ئەفاھ» (سودا-سېتىقنىڭ سىمۋولى) ئارقىلىق باشقۇرىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
11:5 «شىنار زېمىنى» ــ «شىنار» بابىلىيەنىڭ باشقا بىر ئىسمى. «ئەفاھ سېۋىتى شۇ يەردە ئۆز تۇرالغۇسىغا قويۇلىدۇ» ــ «ئەفاھدا ئولتۇرغان ئايال» («رەزىللىك») توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»مىزدە توختىلىمىز.

تاغلار بولسا مىس تاغلار ئىدى. [2] بىرىنچى جەڭ هارۋىسىدىكى قىزىل ئاتلار ئىدى؛ ئىككىنچى جەڭ هارۋىسىدىكى قارا ئاتلار ئىدى؛ [3] ئۈچىنچى جەڭ هارۋىسىدىكى ئاق ئاتلار، تۆتىنچى جەڭ هارۋىسىدىكى كۆچلۈك چىپار ئاتلار ئىدى. [4] مەن جاۋابەن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن: «تەقسىر، بۇلار نېمە؟» ــ دەپ سورىدىم.
[5] پەرىشتە ماڭا جاۋابەن: «بۇلار پۈتكۈل يەر-زېمىنىنىڭ ئىگىسىنىڭ هۇزۇرىدىن چىققان ئاسمانلارنىڭ تۆت روهى. [6] قارا ئاتلار قېتىلغان هارۋا شىمالىي زېمىنلار تەرەپكە كىرىدۇ؛ ئاقلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ؛ چىپارلار بولسا جەنۇبىي زېمىنلار تەرەپكە ماڭىدۇ. [7] ئاندىن مۇشۇ كۆچلۈك ئاتلار چىقىپ يەر يۈزىدە ئۇياق-بۇياق كېزىشكە ئالدىرايدۇ» ــ دېدى.
ئۇ ئۇلارغا: «مېڭىڭلار، يەر يۈزىدە ئۇياق-بۇياق مېڭىڭلار» ــ دېدى؛ ئۇلار يەر يۈزىدە ئۇياق-بۇياق ماڭدى. [8] ۋە ئۇ ماڭا ئۈنلۈك ئاۋازدا: «قارا، شىمالىي يەر-زېمىنلار تەرەپكە ماڭغانلار مېنىڭ روهىمدىكى ئاچچىقنى شىمالىي زېمىن تەرەپتە بېسىقتۇردى» ــ دېدى.

## باش كاهىن يەشۇئاغا تاج كىيدۈرۈش

[9] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[10] سۈرگۈن بولۇپ كەلگەنلەردىن، يەنى هەلداي، توبىيا ۋە يەدايادىن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلغىن؛ شۇ كۈنى ئۇلار بابىلدىن كېلىپ چۈشكەن ئۆيگە، يەنى زەفانىيانىڭ ئوغلى يوسىيانىڭ ئۆيىگە كىرگىن؛ [11] شۇنداق، كۈمۈش ۋە ئالتۇننى قوبۇل قىلغىن، بۇلاردىن چەمبەرسىمان بىر تاجنى توقۇپ ۋە تاجنى يەهوزاداكنىڭ ئوغلى باش كاهىن يەشۇئانىڭ بېشىغا كىيگۈزگىن؛ [12] ۋە يەشۇئاغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: قاراڭلار، «شاخ» دەپ ئاتالغان ئىنسان! ئۇ

---

8:6 **«شىمالىي يەر-زېمىنلار تەرەپكە ماڭغانلار مېنىڭ روهىمدىكى ئاچچىقنى شىمالىي زېمىن تەرەپتە بېسىقتۇردى»** ــ سەككىزىنچى كۆرۈنۈش ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»مىزدە توختىلىمىز.

ئۆز تۇۋىدىن ئۈرنىدا شاخلىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى
قۇرىدۇ» ــ دېگىن.
13 «بەرھەق، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرغۇچى دەل شۇ
بولىدۇ؛ ئۇ شۇ شاھانە شان-شەرەپنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆز
تەختىگە ئولتۇرۇپ ھۆكۈم سۈرىدۇ؛ ئۇ تەختكە ئولتۇرىدىغان كاھىن
بولىدۇ؛ خاتىرجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەمكارلىق
ئۇلار ئىككىسى ئارىسىدا بولىدۇ.
14 مۇشۇ چەمبەرسىمان تاج پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خەلەم،
توبىيا، يەدايالارغا ۋە زەفانىيانىڭ ئوغلىنىڭ مېھرىبانلىقىغا
بىر ئەسلەتمە ئۈچۈن قويۇلىدۇ. 15 ۋە يىراقتا تۇرۇۋاتقانلار كېلىپ

---

**12:6** زەك. 8:3؛ يەش. 2:4؛ 1:11؛ يەر. 5:23؛ 15:33

13:6 **«ئۇ شۇ شاھانە شان-شەرەپنى زىممىسىگە ئېلىپ، ... ئۇ تەختكە ئولتۇرىدىغان كاھىن بولىدۇ»** ــ ئىسرائىلدا «لاۋىي» قەبىلىسىدىن بولغان «كاھىن»لار پادىشاھ بولۇشقا قەتئىي بولمايتتى. مۇشۇ يەردە يەشۇئا (ئەيسا) شۈبھىسىزكى، كەلگۈسى زاماندا كېلىدىغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. «مەسىھ» ھەم كاھىن ھەم پادىشاھ بولۇپ، يەشۇئا ۋە زەرۇببابەل قۇرۇۋاتقان ئىبادەتخانىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىبادەتخانىنى، يەنى مۇقەددەس روھتىن تۇغۇلغان كىشلەردىن تەركىب تاپقان ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىز ۋە «ھاگاي پەيغەمبەر» قىسمىدىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«خاتىرجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەمكارلىق... »** ــ ياكى «خاتىرجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغان پىلان ...». **«خاتىرجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەمكارلىق ئۇلار ئىككىسى ئارىسىدا بولىدۇ»** ــ بەزى ئالىملار «ئىككىسى» دېگەن سۆز «ئىككى ھوقۇق» دېگەن مەنىدە، ئۇ بەلكىم قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ «كاھىن» ھەم «تەختتە ئولتۇرغۇچى پادىشاھ» دېگەن ئىككى سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە «ئۇلار ئىككىسى» بولسا پەرۋەردىگار ھەم ئۇنىڭ مەسىھىدۇر. دۇنيانىڭ گۇناھلىرىنى يۇيىدىغان قۇربانلىق بولسا خۇدانىڭ پىلانى بولۇپ، ئۆز مەسىھى شۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ قۇربانلىق بولغان؛ شۇڭا «خاتىرجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەمكارلىق» «ئۇلار ئىككىسى» ئارىسىدىدۇر.

**13:6** زەب. 1:110، 4؛ 10:85؛ يەش. 6:9؛ 24:22؛ يۇھ. 2:19-22

14:6 **«خەلەم، توبىيا، يەدايالار...»** ــ «خەلەم» 10-ئايەتتە «خەلداي» دەپ ئاتىلىدۇ. **«زەفانىيانىڭ ئوغلىنىڭ مېھرىبانلىقىغا بىر ئەسلەتمە ئۈچۈن قويۇلىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «زەفانىيانىڭ ئوغلى «خەن»گە بىر ئەسلەتمە ئۈچۈن قويۇلىدۇ». ىبراق «خەن»نىڭ مەنىسى «ئىلتىپات، مېھرىبانلىق» بولۇپ، مۇقەددەس كىتابتىكى باشقا يەرلەردە ئىسىم ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكى كۆرۈلمەيدۇ.

پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرۇش خىزمىتىدە بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر؛ ئەگەر پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىساڭلار بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ».

## روزا تۇتۇش توغرۇلۇق قويۇلغان سوئال ۋە رەددىيەلىك جاۋاب

7 [1] دارىئۇس پادىشاھنىڭ تۆتىنچى يىلى توققۇزىنچى ئاي، يەنى
«خىسلەۋ»نىڭ تۆتىنچى كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى زەكەرىياغا
كەلدى. [2] شۇ چاغدا بەيت-ئەل شەھىرىدىكىلەر شىرېزەر ۋە رەگەم-
مەلەكلەرنى پەرۋەردىگاردىن ئىلتىپات سوراشقا ئەۋەتكەنىدى. [3] بەيت-
ئەلدىكىلەر: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىدىكى كاھىنلاردىن، شۇنىڭدەك پەيغەمبەرلەردىن: «ھەربىرىمىز
كۆپ يىللاردىن بېرى قىلغىنىمىزدەك، بەشىنچى ئايدا ھەربىرىمىز
يەنىلا ئۆزىمىزنى باشقىلاردىن ئايرىپ، يىغا-زارغا ئولتۇرۇشىمىز
كېرەكمۇ؟» ــ دەپ سوراڭلار» دەپ تاپىلىغانىدى.
[4] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[5] «زېمىندىكى بارلىق تۇرۇۋاتقان خەلققە ھەم كاھىنلارغا سۆز قىلىپ
مۇنداق سورىغىن: ــ «سىلەر مۇشۇ يەتمىش يىلدىن بېرى بەشىنچى
ئاي ۋە يەتتىنچى ئايلاردا روزا تۇتۇپ يىغا-زار قىلغىنىڭلاردا، سىلەر

---

**15:6** زەك. 2:8، 9، 10، 12؛ يەش. 16:48؛ يۇھ. 42:11؛ 21:17

3:7 **«بەشىنچى ئايدا ھەربىرىمىز يەنىلا ئۆزىمىزنى باشقىلاردىن ئايرىپ، يىغا-زارغا ئولتۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟»** ــ «بەشىنچى ئاي»دىكى روزا تۇتۇش بولسا ئەسلىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىغا ھەسرەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنلىرى ئىبادەتخانىنى بەشىنچى ئاينىڭ 9-كۈنىدە ۋەيران قىلغانىدى، ئاندىن خەلقنى 70 يىل سۈرگۈن قىلىپ باشقۇرغان. مۇشۇ كىشىلەر: «ئىبادەتخانا ھازىر قايتىدىن قۇرۇلۇۋاتقان بولغاچقا، بۇ روزىنى تۇتۇۋېرىشىمىز كېرەكمۇ؟» ــ دەپ ئويلىنىۋاتقانىدى.

**ماڭا، ھەقىقەتەن ماڭا روزا تۇتتۇڭلارمۇ؟ [6] يېگىنىڭلار، ئىچكىنىڭلار،
بۇ پەقەت ئۆزۈڭلار ئۈچۈنلا يەپ-ئىچكىنىڭلاردىن ئىبارەت بولدى ئەمەسمۇ؟
[7] بۇلار يېرۇسالېم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلىرى ئاھالىلىك
بولغان، تازا ئاۋاتلاشقان چاغلاردا، جەنۇبىي يەھۇدا ۋە تۆۋەن تۈزلەڭلىك
ئاھالىلىك بولغان چاغلاردا، پەرۋەردىگار بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر
ئارقىلىق جاكارلىغان سۆزلەر ئەمەسمۇ؟
[8] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى زەكەرىياغا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[9] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«ھەقىقىي ئادالەتنى يۈرگۈزۈڭلار، بىر-بىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەت ۋە
رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىڭلار، [10] تۇل خوتۇن ۋە يېتىم-يېسىرلارنى، يات
ئادەملەر ۋە نامراتلارنى بوزەك قىلماڭلار؛ ھېچكىم ئۆز قېرىندىشىغا
كۆڭلىدە يامانلىق ئويلىمىسۇن. [11] بىراق ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ئاڭلاشنى
رەت قىلغان، ئۇلار جاھىللىق بىلەن بويىنىنى تولغاپ، ئاڭلىماسقا
قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلغان؛ [12] ئۇلار تەۋرات قانۇنىنى ۋە ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز روھى بىلەن بۇرۇنقى**

---

5:7 **«سىلەر مۇشۇ يەتمىش يىلدىن بېرى بەشىنچى ئاي ۋە يەتتىنچى ئايلاردا روزا تۇتۇپ يىغا-زار قىلغىنىڭلاردا...»** ــ «يەتتىنچى ئاي»دىكى روزا، ۋالىي گەدەلىيانىڭ قازا قىلىنغانلىقىنى ئەسلەش مەقسىتىدە تۇتۇلغان روزا بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ھەسرەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى (تەۋرات، «يەرەمىيا»، 40-41بابلار). بۇ بابىل ئىمپېرىيەسى پەلەستىننى ئىشغال قىلغان مەزگىلدىكى ئەڭ ئاخىرقى پاجىئەلىك ۋەقە ئىدى.

6:7 **«يېگىنىڭلار، ئىچكىنىڭلار، بۇ پەقەت ئۆزۈڭلار ئۈچۈنلا يەپ-ئىچكىنىڭلاردىن ئىبارەت بولدى ئەمەسمۇ؟ »** ــ دېمەك، سىلەرنىڭ روزا تۇتۇشۇڭلار يەپ-ئىچىشىڭلارغا ئوخشاش، پەقەت ئۆزلىرىڭلا ئۈچۈندۇر. روزا تۇتۇشنىڭ مەقسىتى خۇدانى ئىزدەش ئەمەس، بەلكى «ئۆز-ئۆزىگە ئىچىنى ئاغرىتىش»تىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر ئىمكانىيىتى، بۇ ئايەتتىكى «يېمەك» ۋە «ئىچمەك» بەلكىم ھېيت-بايراملارنى كۆرسىتىدۇ. خۇدا ئۇلاردىن: «مۇشۇ ھېيت-بايراملارنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن تەبرىكلىدىڭلارمۇ، ياكى مەن ئۈچۈن تەبرىكلىدىڭلارمۇ؟» ــ دەپ سوراۋاتىدۇ.

**10:7** مىس. 22:22

11:7 **«ئۇلار جاھىللىق بىلەن بويىنىنى تولغاپ»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ئۇلار مۈرىسىنى جاھىل قىلىپ...».

پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئەۋەتكەن سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن
كۆڭلىنى ئالماستەك قاتتىق قىلغانىدى؛ شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگاردىن ئىنتايىن قاتتىق غەزەپ چۈشكەن؛
[13] شۇنداق بولدىكى، مەن ئۇلارنى چاقىرغاندا ئۇلار ئاڭلاشنى رەت
قىلغاندەك، ئۇلار چاقىرغاندا مەنمۇ ئاڭلاشنى رەت قىلدىم» ــ دەيدۇ
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، [14] ــ «ۋە مەن
ئۇلارنى ئۇلار تونۇمايدىغان بارلىق ئەللەر ئارىسىغا قارا قۇيۇن بىلەن
تارقىتىۋەتتىم؛ ئۇلارنىڭ كېتىشى بىلەن زېمىن ۋەيران بولغان، ئاندىن
ئۇنىڭدىن ئۆتكەنلەرمۇ، قايتقانلارمۇ بولغان ئەمەس؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ
سەۋەبىدىن ئىللىق زېمىن ۋەيرانە قىلىنغان».

## روزا تۇتۇش توغرۇلۇق قويۇلغان سوئال ۋە ئۈمىد بەرگۈچى جاۋاب

8 [1] ۋە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى
ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[2] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مېنىڭ زىئونغا باغلىغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم قايناپ تاشتى؛
مېنىڭ ئۇنىڭغا باغلىغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ
دۈشمەنلىرىگە غەزىپىم قايناپ تاشتى.
[3] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن زىئونغا قايتىپ كەلدىم،
يېرۇسالېمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماكانلىشىمەن؛ يېرۇسالېم «ھەقىقەت
شەھىرى» دەپ ئاتىلىدۇ، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگارنىڭ تېغى «مۇقەددەس تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ». [4] ساماۋى

**13:7** پەند. 1:28؛ يەش. 1:15؛ يەر. 11:11؛ 12:14

**14:7** **«ئۇلارنى... قارا قۇيۇن بىلەن تارقىتىۋەتتىم»** ــ ياكى «ئۇلارنى ... قارا قۇيۇن بىلەن تارقىتىۋېتىمەن».

**2:8** زەك. 14:1

قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «قېرى
بوۋاي-موماي‌لار يەنە يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرىدا ئولتۇرىدىغان
بولىدۇ؛ كۆنلىرى ئۇزۇن بولۇپ، ھەربىرى ھاسىسىنى قولىدا تۇتۇپ
ئولتۇرىدۇ؛ [5] شەھەرنىڭ كوچىلىرى ئويناۋاتقان ئوغۇل-قىز باللار
بىلەن لىق تولىدۇ». [6] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ــ «بۇ ئىش شۇ كۈنلەردە بۇ خەلقنىڭ قالدىسىنىڭ
كۆزىگە ئاجايىب كارامەت كۆرۈنىدىغىنى بىلەن، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە
كارامەت كۆرۈنەمدۇ؟» ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار.
[7] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
«مانا، مەن ئۆز خەلقىمنى شەرقىي زېمىنلاردىن، غەربىي زېمىنلاردىن
قۇتقۇزىمەن؛ [8] مەن ئۇلارنى ئېلىپ كېلىمەن، ئۇلار يېرۇسالېمدا
ماكانلىشىدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ خەلقىم، مەن ھەقىقەت ۋە ھەققانىيلىقتا
ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن».
[9] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ
ئۇلى سېلىنغان كۈندە ھازىر بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاغزىدىن
مۇشۇ كۈنلەردە بايان قىلىنىۋاتقان مۇنۇ سۆزلەرنى ئىشىتىۋاتىسىلەر،
ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قولۇڭلار كۈچلۈك قىلىنسۇن! [10] چۈنكى
شۇ كۈنلەردىن ئىلگىرى ئىنسان ئۈچۈن ئىش ھەققى يوق، ئات-ئۇلاغ
ئۈچۈنمۇ ئىش ھەققى يوق ئىدى؛ جەبىر-زۇلۇم تۈپەيلىدىن چىققۇچى
ياكى كىرگۈچى ئۈچۈن ئامان-ئېسەنلىك يوق ئىدى؛ چۈنكى مەن

---

6:8 **«ۇ ئىش شۇ كۈنلەردە بۇ خەلقنىڭ قالدىسىنىڭ كۆزىگە ئاجايىب كارامەت كۆرۈنىدىغىنى بىلەن، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە كارامەت كۆرۈنەمدۇ؟»** ــ دېمەك، ئادەملەر ئۈچۈن ئاجايىب كارامەت بولغان ئىشلار خۇدا ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىشلار.

9:8 **«پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇلى سېلىنغان كۈندە سۆزلىگەن پەيغەمبەرلەر»** ــ ھاگاي ۋە زەكەرىيا. بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇلىنىڭ سېلىنىشى» ئىككى يىل بۇرۇن («ئەزرا» 5:1-2) بولغان بولسا كېرەك.

**ھەربىر ئادەمنى ئۆز يېقىنىغا دۈشمەنلەشتۈردۇم؛ [11] بىراق مەن بۇ
خەلقنىڭ قالدىسىغا بۇرۇنقى كۈنلەردىكىدەك بولمايمەن، دەيدۇ
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار؛ [12] چۈنكى ئۇرۇق
ھوسۇللۇق بولىدۇ، ئۈزۈم تېلى مېۋىلەيدۇ، تۇپراق ئۈندۈرمىلىرىنى
بېرىدۇ، ئاسمانلار شەبنەملىرىنى بېرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ
خەلقنىڭ قالدىسىغا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگە قىلدۇرىمەن.
[13] شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، سىلەر ئەللەر ئارىسىدا لەنەت
بولۇپ قالغىنىڭلارنىڭ ئەكسىچە، ئى يەھۇدا جەمەتى ۋە ئىسرائىل
جەمەتى، مەن سىلەرنى قۇتقۇزىمەن، سىلەر ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت
بولىسىلەر؛ قورقماڭلار، قوللىرىڭلار كۈچلۈك قىلىنسۇن!
[14] چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: — سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغىغاندا
مېنىڭ سىلەرگە يامانلىق يەتكۈزۈش ئويىدا بولغىنىم ۋە شۇ جاز
يولىدىن يانمىغىنىمدەك — دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار — [15] مەن ھازىر، مۇشۇ كۈنلەردە يەنە يېرۇسالېم ۋە يەھۇدا
جەمەتىگە ياخشىلىق يەتكۈزۈش ئويىدا بولدۇم؛ قورقماڭلار. [16] مۇشۇ
ئىشلارغا ئەمەل قىلىڭلار: — ھەربىرىڭلار ئۆز يېقىنىڭلارغا ھەقىقەتنى
سۆزلەڭلار؛ دەرۋازىلىرىڭلاردا ھەقىقەتكە، ئامان-تىنچلىققا ئۇيغۇن**

---

12:8 **«ئۇرۇق ھوسۇللۇق بولىدۇ»** — ياكى «ئۇرۇقتا خاتىرجەملىك-ئامانلىق بولىدۇ».

13:8 **«سىلەر ئەللەر ئارىسىدا لەنەت بولۇپ قالغىنىڭلار»** — بۇ سۆزنىڭ بەلكىم ئۈچ تەرىپى بار. (1) سۈرگۈن بولغان يەھۇدىيلار ئۆزلىرى لەنەتكە قالدۇرۇلغان؛ (2) ئۇلار باشقىلارغا لەنەت بولۇپ ئۇلارغا بالا-قازا كەلتۈرگەن؛ (3) ئۇلارنىڭ نامى (ئىسرائىل، يەھۇدىي) لەنەتنى بىلدۈرگەن. خۇدا مۇشۇ ئۈچ ئەۋالنىڭ ھەربىرىنى دەل ئۇلارنىڭ ئەكسىگە ئايلاندۇرىدۇ. **«سىلەر ئۇلارغا ئەللەرگە بەخت-بەرىكەت بولىسىلەر»** — خۇدا ئەسلىدە ئىبراھىم پەيغەمبەرگە: «سەن ۋە ئەۋلادىڭ ھەربىر ئەل-مىللەتكە بەخت-بەرىكەت بولىسەن» دەپ ۋەدە قىلغان. ئىسرائىل ئىتائەتسىزلىكتىن مۇشۇ بەرىكەتنى لەنەتكە ئايلاندۇرغان.

ھۆكۈملەرنى يۈرگۈزۈڭلار؛ [17] ھېچكىم كۆڭلىدە ئۆز يېقىنىغا يامانلىق ئويلىمىسۇن؛ ھېچقانداق يالغان قەسەمگە شېرىك بولماڭلار؛ چۈنكى مەن دەل بۇلارنىڭ ھەممىسىگە نەپرەتلىنىمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار».
[18] ۋە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېگەندە: ــ
[19] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «تۆتىنچى ئايدىكى روزا، بەشىنچى ئايدىكى روزا، يەتتىنچى ئايدىكى روزا ۋە ئونىنچى ئايدىكى روزا يەھۇدا جەمەتىگە خۇشاللىق ۋە شاد-خۇراملىق، بەختلىك ئىبادەت سورۇنلىرى بولىدۇ؛ شۇڭا ھەقىقەت ۋە خاتىرجەملىك-تىنچلىقنى سۆيۈڭلار».
[20] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «نۇرغۇن قوۋملار ۋە كۆپ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى يەنە مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ؛ [21] بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلار باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ ئۇلارغا: «پەرۋەردىگاردىن ئىلتىپات تىلەشكە، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنى ئىزدەشكە تېز بارايلى؛ مەنمۇ بارىمەن!» ــ دەيدىغان بولىدۇ. [22] كۆپ قوۋملار ۋە كۈچلۈك ئەللەر پەرۋەردىگاردىن ئىلتىپات تىلەشكە، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنى ئىزدەشكە يېرۇسالېمغا كېلىدۇ».
[23] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «شۇ كۈنلەردە ھەرخىل تىلدا سۆزلەيدىغان ئەللەردىن ئون نەپەر ئادەم چىقىپ يەھۇدىي بىر ئادەمنىڭ تونىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇۋېلىپ

---

16:8 **«دەرۋازىلىرىڭلاردا ھەقىقەتكە، ئامان-تىنچلىققا ئۇيغۇن ھۆكۈملەرنى يۈرگۈزۈڭلار»** ــ ئاقساقاللار شەھەر دەرۋازىلىرىدا ئولتۇرۇپ، سوت ۋە ھۆكۈم قىلاتتى.

**16:8** ئەف. 25:4

**17:8** زەك. 3:5، 4؛ 10:7.

19:8 **«تۆتىنچى ئايدىكى روزا، بەشىنچى ئايدىكى روزا، يەتتىنچى ئايدىكى روزا ۋە ئونىنچى ئايدىكى روزا يەھۇدا جەمەتىگە خۇشاللىق ۋە شاد-خۇراملىق، بەختلىك ئىبادەت سورۇنلىرى بولىدۇ»** ــ بۇ «روزىلار» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ.

**20:8** يەش. 2:2؛ يەر. 19:16؛ مىك. 1:4؛ زەك. 2:8.

ئۇنىڭغا: «بىز سەن بىلەن بارايلى؛ چۈنكى خۇدانى سەن بىلەن
بىللىدۇر، دەپ ئاڭلىدۇق» ــ دەيدۇ».

## «بۈيۈك ئىسكەندەر»نىڭ تاجاۋۇزى توغرۇلۇق بېشارەتلەر

9 [1]پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىدىن يۈكلەنگەن بېشارەت ــ خادراك زېمىنى
ۋە دەمەشق ئۈستىگە قونىدۇ (چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرى
ئادەملەر ۋە ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى ئۈستىدىدۇر)؛ [2]ئۇ
بۇلارغا چېگرىداش بولغان خاماتقا، تۇر ۋە زىدون ئۈستىگىمۇ قونىدۇ.
تۇر تولىمۇ «دانا» بولغاچقا، [3]ئۆزى ئۈچۈن قورغان قۇرغان، كۈمۈشنى
تۇپىدەك، ساپ ئالتۇننى كوچىلاردىكى پاتقاقتەك دۆۋىلەپ قويغان.
[4]مانا، رەب ئۇنى مال-دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ كۈچىنى
دېڭىزدا يوق قىلىدۇ؛ ئۇ ئوت تەرىپىدىن يەپ كېتىلىدۇ.

---

23:8 **«شۇ كۈنلەردە ... ئەللەردىن ئون نەپەر ئادەم چىقىپ يەھۇدىي بىر ئادەمنىڭ تونىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا: «بىز سەن بىلەن بارايلى؛ چۈنكى خۇدانى سەن بىلەن بىللىدۇر، دەپ ئاڭلىدۇق» ــ دەيدۇ»** ــ بۇ ئىش خۇدانى ئىزدەنگەن «يات ئەللەر»نىڭ ھەرىكەتلىرىگە بىر مىسال بولىدۇ.

1:9 **«خادراك زېمىنى»** ــ كونا تارىخنامىلەر بويىچە، «خادراك» دېگەن رايون دەمەشق شەھىرىگە يېقىن بولغان، ئىراق دەل قايسى جاي ئىكەنلىكىنى ھازىر بىلمەيمىز. **«چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرى ئادەملەر ۋە ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى ئۈستىدىدۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ۋە ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلىلىرىنىڭ كۆزى پەرۋەردىگارغا قارايدۇ».

2:9 **«ئۇ ، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ بېشارىتى بۇلارغا چېگرىداش بولغان خاماتقا، تۇر ۋە زىدون ئۈستىگىمۇ قونىدۇ»** ــ «بۈيۈك ئىسكەندەر» مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 332-يىلى جەنۇب تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ مۇشۇ يەرلەرنى بىر-بىرلەپ ئىگىلىۋالغان.

4:9 **«مانا، رەب ئۇنى مال-دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ كۈچىنى دېڭىزدا يوق قىلىدۇ؛ ئۇ ئوت تەرىپىدىن يەپ كېتىلىدۇ»** ــ بۇ ئايەتنى «بۈيۈك ئىسكەندەر» ئەمەلگە ئاشۇرغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 332-يىلى ئۇ تۇرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەن. («قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ).

—«ئۇنىڭ كۈچىنى دېڭىزدا يوق قىلىدۇ» دېگەنلىكنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ (يەنى رەب) ئۇلارنىڭ دېڭىزدىكى كۈچىنى يوق قىلىدۇ»

5 ئاشكېلون بۇنى كۆرۈپ قورقىدۇ؛ گازامۇ كۆرۈپ ئازابلىنىپ تولغىنىپ
كېتىدۇ؛ ئەكرونمۇ شۇنداق، چۈنكى ئۇنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى تۇزۇپ
كېتىدۇ؛ پادىشاھ گازادىن يوقاپ كېتىدۇ، ئاشكېلون ئادەمزاتسىز
قالىدۇ. 6 شۇنىڭ بىلەن ئاشدودتا هارامدىن بولغان بىرسى تۇرىدۇ؛
مەن فىلىستىيلەرنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە پەخرىنى يوقىتىمەن. 7 مەن
ئاغزىدىن قانلارنى، ئۇنىڭ هارام يېگەن يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى
چىشلىرى ئارىسىدىن ئېلىپ كېتىمەن؛ ئاندىن قېلىپ قالغانلار
بولسا، ئۇلار خۇدايىمىزغا تەۋە بولۇپ، يەهۇدادا يولباشچى بولىدۇ؛
ئەكروننىڭ ئورنى يەبۇس قەبىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ.
8 مەن قوشۇن تۆپەيلىدىن، يەنى ئۆتۈپ كەتكۈچى ۋە قايتىپ كەلگۈچى
تۆپەيلىدىن ئۆز ئۆيۈم ئەتراپىدا چېدىرىمنى تىكتۇرىمەن؛ ئەزگۈچى
قايتىدىن ئۇنىڭدىن ئۆتمەيدۇ؛ چۈنكى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆزىتىمەن.

6:9 **«شۇنىڭ بىلەن ئاشدودتا هارامدىن بولغان بىرسى تۇرىدۇ؛ مەن فىلىستىيلەرنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە پەخرىنى يوقىتىمەن»** ــ ئىسكەندەر تۇرنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن فىلىستىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. 5- ۋە 6-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان (ئاشكېلون، گازا، ئەكرون، ئاشدود) شەهەرلەر فىلىستىيەدىكى بەش چوڭ شەهەرنىڭ تۆتى. بۇ جەڭلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ئۈچۈن «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

7:9 **«مەن ئاغزىدىن قانلارنى، ئۇنىڭ هارام يېگەن يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى چىشلىرى ئارىسىدىن ئېلىپ كېتىمەن؛ ئاندىن قېلىپ قالغانلار بولسا، ئۇلار خۇدايىمىزغا تەۋە بولۇپ،...»** ــ «خۇدايىمىزغا» دېگەن سۆزگە قارىغاندا مۇشۇ ئايەتلەردىكى سۆزلىگۈچى مەسىھنىڭ ئۆزى بولۇشى كېرەك. **«...ئەكروننىڭ ئورنى يەبۇس قەبىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ»** ــ تولۇق ئايەتنىڭ مەنىسى: (1) فىلىستىيلەر ئەمدى بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىقلارنىڭ قېنىنىمۇ، گۆشىنىمۇ يېمەيدىغان بولىدۇ. (2) فىلىستىيلەر خۇداغا تەۋە بولۇپ يەهۇدا ئارىسىدا (يەبۇس قەبىلىسىدىكىلەردەك) هۆرمەتلىك مەرتىۋىگە ئىگە بولىدۇ (هازىرقى «پەلەستىنلىكلەر» فىلىستىيلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن). «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

8:9 **«مەن قوشۇن تۆپەيلىدىن، يەنى ئۆتۈپ كەتكۈچى ۋە قايتىپ كەلگۈچى تۆپەيلىدىن ئۆز ئۆيۈم ئەتراپىدا چېدىرىمنى تىكتۇرىمەن؛ ئەزگۈچى قايتىدىن ئۇنىڭدىن ئۆتمەيدۇ؛ چۈنكى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆزىتىمەن»** ــ «بۈيۈك ئىسكەندەر» زالىم بولغىنى بىلەن، مىسىرغا هۇجۇم قىلىشقا ماڭغاندا («ئۆتۈپ كەتكەندە») ياكى مىسىرنى ئىشغال قىلىپ «قايتىپ كەلگەندە» (گەرچە يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا نۇرغۇنلىغان بايلىقلار بولسىمۇ)، يېرۇسالېمغا هېچ هۇجۇم قىلمىغان. بۇ تارىخنىڭ ئەڭ چوڭ سىرلىرىدىن بىرىدۇر. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

## زىئوننىڭ پادىشاھى مەسىھ كېلىدۇ!

9 زور شادلان، ئى زىئون قىزى!
تەنتەنەلىك نىدا قىل، ئى يېرۇسالېم قىزى!
قاراڭلار، پادىشاھىڭ يېنىڭغا كېلىدۇ؛
ئۇ ھەققانىي ۋە نىجاتلىق بولىدۇ؛
كەمتەر-مۆمىن بولۇپ،
مادا ئېشەككە، يەنى ئېشەك تەخىيگە مىنىپ كېلىدۇ؛
10 شۇنىڭ بىلەن مەن جەڭ ھارۋىلىرىنى ئەفرائىمدىن،
ئاتلارنى يېرۇسالېمدىن مەھرۇم قىلىۋېتىمەن؛
جەڭ ئوقياسىمۇ ئېلىپ تاشلىنىدۇ.
ئۇ بولسا ئەللەرگە خاتىرجەملىك-تىنچلىقنى جاكارلاپ يەتكۈزىدۇ؛
ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېڭىزدىن دېڭىزغىچە،
ئەفرات دەرياسىدىن يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە بولىدۇ.
11 ئەمدى سېنى بولسا، ساڭا چۈشۈرۈلگەن ئەھدە قېنى تۈپەيلىدىن،

---

9:9 **«ۋ ھەققانىي ۋە نىجاتلىق بولىدۇ»** ــ باشقا تەرجىمىلىرى: «ئۇ نىجاتنى ئېلىپ كېلىدۇ»، «ئۇ قۇتقۇزۇلغان بولىدۇ» ياكى «ئۇ غەلىبىلىك بولىدۇ». **«قاراڭلار، پادىشاھىڭ يېنىڭغا كېلىدۇ... مادا ئېشەككە، يەنى ئېشەك تەخىيگە مىنىپ كېلىدۇ؛»** ــ بۇ تولۇق بېشارەت ئەيسا مەسىھنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئىنجىل، «ماتتا» 21-باب، «ماركۇس» 11-باب، «لۇقا» 19-باب، «يۇھاننا» 12-بابلارنى كۆرۈڭ.

9:9 زەك. 2:10؛ مات. 21:4-5؛ يـۇھ. 12:12-16

10:9 **«شۇنىڭ بىلەن مەن جەڭ ھارۋىلىرىنى ئەفرائىمدىن، ...مەھرۇم قىلىۋېتىمەن؛ ... ئۇ ، يەنى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھ مەسىھ بولسا ئەللەرگە خاتىرجەملىك-تىنچلىقنى جاكارلاپ يەتكۈزىدۇ؛ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېڭىزدىن دېڭىزغىچە، ئەفرات دەرياسىدىن يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە بولىدۇ»** ــ دېمىسەكمۇ، بېشارەت ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا تۇنجى كېلىشىدىن (9-ئايەت) ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئاتلاپ ئۆتىدۇ. بېشارەتنىڭ قالغىنى ئاخىرقى زامانلارنى كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

مەن ئاراڭدىكى مەھبۇسلارنى سۇسىز ئورەكتىن ئازادلىققا چىقىرىمەن.
[12] مۇستەھكەم جايغا قايتىپ كېلىڭلار، ئى ئارزۇ-ئۈمىدنىڭ
مەھبۇسلىرى! بۈگۈن مەن جاكارلاپ ئېيتىمەنكى، تارتقان
جازالىرىڭنىڭ ئەكسىنى ئىككى ھەسسىلەپ ساڭا قايتۇرىمەن.
[13] چۈنكى ئۆزۈم ئۈچۈن يەھۇدانى ئوقيادەك ئېگىلدۈردۈم، ئەفرائىمنى
ئوق قىلىپ ئوقياغا سالدىم؛ مەن ئوغۇل باللىرىڭنى ئورنىدىن
تۇرغۇزىمەن، ئى زىئون — ئۇلار سېنىڭ ئوغۇل باللىرىڭغا قارشى جەڭ
قىلىدۇ، ئى گرېتسىيە! ئى زىئون، مەن سېنى پالۋاننىڭ قولىدىكى
قىلىچتەك قىلىمەن. [14] پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنىدۇ؛
ئۇنىڭ ئوقى چاقماقتەك ئېتىلىپ ئۇچىدۇ. رەب پەرۋەردىگار كانايىنى
چالىدۇ؛ ئۇ جەنۇبتىكى دەھشەتلىك قارا قۇيۇنلارنى بىللە ئېلىپ
يۈرۈش قىلىدۇ. [15] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار
ئۇلار ئۈچۈن مۇداپىئە بولىدۇ؛ ئۇلار سالغا تاشلىرىنى كۇكۇم قىلىپ،
دەسسەپ چەيلەيدۇ؛ ئۇلار ئىچىۋېلىپ، شاراب كەيپىنى سۈرگەنلەردەك
قىيقاس-سۈرەن كۆتۈرىدۇ؛ ئۇلار قانغا مىلەنگەن قۇربانگاھنىڭ

---

**11:9 «ئەمدى سېنى بولسا، ساڭا چۈشۈرۈلگەن ئەھدە قېنى تۈپەيلىدىن، مەن ئاراڭدىكى مەھبۇسلارنى سۇسىز ئورەكتىن ئازادلىققا چىقىرىمەن»** — بۇ سىرلىق بېشارەتنىڭ ھەم روھىي ھەم جىسمانىي جەھەتلىرى بولۇشى كېرەك. ئىشىنىمىزكى، ئەيسا مەسىھنىڭ قېنى بىلەن تۈزگەن «يېڭى ئەھدە» يەھۇدىيلارنى، ئەللەرنىمۇ ھەرخىل «گۇناھ ئورىكى»دىن قۇتقۇزالايدۇ ھەم كەلگۈسىدىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىدىن خۇدا يەھۇدىيلارنى ھەرخىل جىسمانىي قىيىنچىلىقلاردىنمۇ قۇتقۇزىدۇ.

**11:9** مات. 28:26؛ لۇقا 20:22؛ رىم. 3:9، 4؛ رىم. 25:11، 26، 27؛ 1كور. 25:11؛ ئىبر. 19:9، 20، 21.

**12:9 «مۇستەھكەم جايغا قايتىپ كېلىڭلار، ئى ئارزۇ-ئۈمىدنىڭ مەھبۇسلىرى!»** — «ئارزۇ-ئۈمىدنىڭ مەھبۇسلىرى» بەلكىم بۇ تولىمۇ قىسقارتىلغان گەپ بولۇشى مۇمكىن، مەنىسى: ««خۇدانىڭ قالدىسى» خۇدانىڭ نۇرغۇن ۋەدىلىرى ئالدىدا ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى، شۇنداقلا ئۈمىدسىزلىنىشى تۈپەيلىدىن گۇناھنىڭ مەھبۇسلىرى بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر «مۇستەھكەم جاي»ى خۇدانىڭ ئۆزى، ئەلۋەتتە.

**14:9** ناھ. 6:2؛ يەش. 13:27؛ مات. 31:24؛ 1كور. 52:15، 1تېس. 16:4؛ ۋەھ. 10:7، 15:11

بۇرجەكلىرىدەك، قانغا تولدۇرۇلغان قاچىلاردەك بولىدۇ. 16 شۇ كۈنى
پەرۋەردىگار بولغان ئۇلارنىڭ خۇداسى ئۇلارنى ئۆزۈم باققان پادام بولغان
خەلقىم دەپ بىلىپ قۇتقۇزىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار تاج گۆھەرلىرىدەك ئۇنىڭ
زېمىنى ئۈستىدە كۆتۈرۈلىدۇ. 17 شۇنچە زوردۇر ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى،
شۇنچە قالتىستۇر ئۇنىڭ گۈزەللىكى! زىرائەتلەر يىگىتلەرنى، يېڭى
شاراب قىزلارنى ياشنىتىدۇ!

## ئاخىرقى زامانلاردىكى ۋەقەلەر ـ داۋامى

10 1 پەرۋەردىگاردىن «كېيىنكى يامغۇر» پەسلىدە يامغۇرنى
تەلەپ قىلىڭلار؛ پەرۋەردىگار چاقماقلارنى چاقتۇرۇپ، ئۇلارغا
مول يامغۇرلارنى، شۇنىڭدەك ھەربىرىگە ئېتىزدا ئوت-چۆپلەرنى
بېرىدۇ. 2 چۈنكى «ئۆي بۇتلىرى» بىمەنە گەپلەرنى ئېيتقان، پالچىلار
يالغان «ئالامەت»لەرنى كۆرگەن، تۇتۇرۇقسىز چۈشلەرنى سۆزلىگەن؛
ئۇلار قۇرۇق تەسەللى بېرىدۇ. شۇڭا خەلق قوي پادىسىدەك تېنەپ

---

15:9 **«... ئۇلار قانغا ملەنگەن قۇربانگاھنىڭ بۇرجەكلىرىدەك، قانغا تولدۇرۇلغان قاچىلاردەك بولىدۇ»** ــ بۇ ئوخشىتىش ئىسرائىلنىڭ جەڭگە بولىدىغان زوق-كەيپىنىڭ شاراب ئىچكەن ئادەمنىڭكىدەك بولىدىغانلىقىنى ياكى دۈشمەنلەردىن تۆكۈلگەن قاننىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. قۇربانگاھ ئۈستىدىكى قۇربانلىقلارنىڭ قانلىرىنى ئېلىشقا بىرنەچچە قاچىلارنى تەييارلاش كېرەك ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە قان بىلەن لىق تولدۇرۇلاتتى ۋە قۇربانگاھنىڭ بۇرجەكلىرى قانغا مىلىنىپ كېتەتتى.

—تولۇق بۇ بېشارەت بەلكىم (1) ئىسرائىلنىڭ گرېتسىيە زالىملىرى ئۈستىدىن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3- ۋە 2-ئەسىردە) بولغان ئاجايىب غەلبىلىرىنى ۋە (2) ئاخىرقى زاماندىكى دەججالنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

17:9 **«شۇنچە زوردۇر ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى، شۇنچە قالتىستۇر ئۇنىڭ گۈزەللىكى!»** ــ ياكى، «نېمىدېگەن ئەزىز! نېمىدېگەن گۈزەل!».

1:10 **«پەرۋەردىگاردىن «كېيىنكى يامغۇر» پەسلىدە يامغۇرنى تەلەپ قىلىڭلار»** ــ بۇ دۇئا يۇقىرىقى بېشارەت بىلەن باغلىنىشلىق؛ زىرائەتلەر ۋە ئۈزۈملەرگە يامغۇر كېرەك، ئەلۋەتتە. «كېيىنكى يامغۇر» بولسا پەلەستىندە 3- ياكى 4-ئايدا ياغىدۇ، ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنى پىشۇرۇش ھالقىلىق رولىنى ئوينايدۇ. بۇ يامغۇرلار بولمىسا ھېچ ھوسۇل بولمايدۇ.

**كەتتى؛ ئۇلار پادىچىسى بولمىغاچقا، ئازار يېمەكتە.**
[3] **مېنىڭ غەزىپىم پادىچىلارغا قوزغالدى؛ مەن مۇشۇ «تېكە» يېتەكچىلەرنى جازالايمەن؛ چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۆز پادىسىدىن، يەنى يەھۇدا جەمەتىدىن خەۋەر ئېلىشقا كەلدى؛ ئۇ جەڭدە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك ئېتىدەك قىلىدۇ.** [4] **ئۇنىڭدىن يەنى يەھۇدادىن «بۇرجەك تېشى»، ئۇنىڭدىن «قوزۇق»، ئۇنىڭدىن «جەڭ ئوقياسى»، ئۇنىڭدىن «ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى» چىقىدۇ.**
[5] **شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەڭدە، دۈشمەنلەرنى كوچىلاردىكى پاتقاقنى دەسسىگەندەك چەيلەيدىغان پالۋانلاردەك بولىدۇ؛ ئۇلار جەڭ قىلىدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلار بىلەن بىللىدۇر؛ ئۇلار ئاتلىق ئەسكەرلەرنىمۇ يەرگە قارىتىپ قويىدۇ.** [6] **مەن يەھۇدا جەمەتىنى كۈچەيتىمەن، يۈسۈپنىڭ جەمەتىنى قۇتقۇزىمەن؛ مەن ئۇلارنى قايتىدىن ئولتۇراقلىشىشقا قايتۇرىمەن؛ چۈنكى مەن ئۇلارغا رەھىم-شەپقەتنى كۆرسىتىمەن. ئۇلار مەن ھېچقاچان تاشلىۋەتمىگەندەك بولىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارمەن؛ مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىمەن.** [7] **ئەفرائىمدىكىلەر پالۋاندەك بولىدۇ، كۆڭۈللىرى شاراب كەيپىنى سۈرگەنلەردەك خۇشاللىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بالىلىرى بۇنى**

---

**2:10 «ئۆي بۇتلىرى»** — (ئىبرانيي تىلىدا «تەرافىم») پال بىلەن «يول كۆرسىتىدىغان» بىرخىل بۇتلار ئىدى.
**2:10** توپ. 6:5
**4:10 «ئۇنىڭدىن، يەنى يەھۇدادىن «بۇرجەك تېشى»، ئۇنىڭدىن «قوزۇق»...»** — «يەنى يەھۇدادىن» دېگەن سۆزلەرنى تەرجىمە يولىدا قوشۇپ كىرگۈزدۇق. ئىبرانيي تىلىدا پەقەت «ئۇنىڭدىن» دېيىلىدۇ. 9-ئايەتتە «يەھۇدا جەمەتى» كۆزدە تۇتۇلغان بولغاچقا، 10-ئايەتنى شۇنداق تەرجىمە قىلدۇق. مەسىھ «يەھۇدادىن» چىقىدۇ، ئەلۋەتتە.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «يەنى خۇدادىن». **«ئۇنىڭدىن ... «بۇرجەك تېشى»، .. «قوزۇق»، .. «جەڭ ئوقياسى»، .. «ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى» چىقىدۇ»** — بۇ تۆت نامنىڭ ھەممىسى «مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى»نىڭ ئۇنۋانلىرى بولىدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرى بويىچە «مەسىھ» چوقۇم يەھۇدانىڭ ئەۋلادى بولۇشى كېرەك ئىدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.
—«ئۇنىڭدىن» دېگەننى بەزى ئالىملار «خۇدادىن» دېگەن مەنىدە، دەپ قارايدۇ.

كۆرۈپ خۇشاللىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ كۆڭلى پەرۋەردىگاردىن شادلىنىدۇ.
[8] مەن ئۇشقىرتىپ، ئۇلارنى يىغىمەن؛ چۈنكى مەن ئۇلارنى بەدەل تۆلەپ
ھۆرلۈككە چىقىرىمەن؛ ئۇلار ئىلگىرى كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆپىيىدۇ.
[9] مەن ئۇلارنى ئەللەر ئارىسىدا ئۇرۇقتەك چاچىمەن؛ ئاندىن ئۇلار مېنى
يىراق جايلاردا ئەسلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باللىرى بىلەن ھايات
قېلىپ، قايتىپ كېلىدۇ. [10] مەن ئۇلارنى قايتىدىن مىسىر زېمىنىدىن
ئېلىپ كېلىمەن، ئاسۇرىيەدىنمۇ چىقىرىپ يىغىمەن؛ ئۇلارنى گىلېئاد ۋە
لىۋان زېمىنىغا ئېلىپ كىرگۈزىمەن؛ يەر-زېمىن ئۇلارنى پاتقۇزالماي قالىدۇ.
[11] شۇنداق قىلىپ، ئۇ جەبىر-جاپا دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، دېڭىزدىكى
دولقۇنلارنى ئۇرىدۇ؛ نىل دەرياسىنىڭ تەگلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ؛
ئاسۇرىيەنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە پەخرى پەس قىلىنىدۇ، مىسىردىكى
شاھانە ھاسىمۇ يوقىلىدۇ.
[12] مەن ئۇلارنى پەرۋەردىگار ئارقىلىق كۈچەيتىمەن؛ ئۇلار ئۇنىڭ نامىدا
ماڭىدۇ، دەيدۇ پەرۋەردىگار.

---

9:10 **«مەن ئۇلارنى ئەللەر ئارىسىدا ئۇرۇقتەك چاچىمەن؛ ...»** — ياكى «مەن ئۇلارنى ئەللەر ئارىسىدا ئۇرۇقتەك چاچىدىغان بولسام،...».

11:10 **«ئۇ جەبىر-جاپا دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، دېڭىزدىكى دولقۇنلارنى ئۇرىدۇ»** — «ئۇ» — خۇدانى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

## خۇدانىڭ پادىسى ياخشى پادىچىسىنى، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنى رەت قىلىدۇ؛ ئۇلار زۇلمەتكە قالىدۇ

11 [1] ئى لىۋان، ئوت سېنىڭ كېدىر دەرەخلىرىڭنى يەپ كېتىشى
ئۈچۈن، دەرۋازىلىرىڭنى ئاچ! [2] ۋايساڭلار، ئى قارىغايلار،
چۈنكى كېدىر يىقىلدى، ئېسىل دەرەخلەر ۋەيران قىلىندى؛
ۋايساڭلار، ئى باشاندىكى دۇب دەرەخلىرى، چۈنكى باراقسان ئورمان
يىقىتىلدى! [3] پادىچىلارنىڭ ۋايسىغان ئاۋازىنى ئاڭلا! چۈنكى ئۇلارنىڭ
شەرىپى بولغان چىمەن-يايلاق ۋەيران قىلىندى؛ ئارسلانلارنىڭ
ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلا! چۈنكى ئىئوردان دەرياسىنىڭ پەخرى
بولغان بۈك-باراقسانلىقى ۋەيران قىلىندى.
[4] پەرۋەردىگار خۇدايىم مۇنداق دەيدۇ: ــ بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن
پادىنى باققىن! [5] ئۇلارنى سېتىۋالغانلار ئۇلارنى بوغۇزلىۋەتكەندە ھېچ
گۇناھكار دەپ قارالمايدۇ؛ ئۇلارنى سېتىۋەتكەنلەر: «پەرۋەردىگارغا
شۈكرى! چۈنكى بېيىپ كەتتىم!» ــ دەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆز پادىچىلىرى
ئۇلارغا ئىچىنى ھېچ ئاغرىتمايدۇ. [6] چۈنكى مەن زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارغا
يەنە ئىچىمنى ھېچ ئاغرىتمايمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ ۋە مانا، مەن
ئادەملەرنى، ھەربىرىنى ئۆز يېقىنىنىڭ قولىغا ۋە ئۆز پادىشاھىنىڭ
قولىغا تاپشۇرىمەن؛ مانا، بۇلار زېمىننى خاراب قىلىدۇ، مەن ئۇلارنى
بۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ قۇتقۇزمايمەن.

---

1:11 **«ئى لىۋان، ئوت سېنىڭ كېدىر دەرەخلىرىڭنى يەپ كېتىشى ئۈچۈن، دەرۋازىلىرىڭنى ئاچ! »** ــ بۇ 1-3-ئايەت بەلكىم بىر ئوخشىتىش؛ يەھۇدانىڭ يېتەكچىلىرى خۇدانىڭ خەلقى ۋە خۇدا بەرگەن زېمىننى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەتكەن، ھازىر بۇ مەنپەئەتتىن ئايرىلىدۇ. -11-ئايەت يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىبادەتخانىنىڭ يەنە ۋەيران قىلىنىشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇ لىۋاندىكى كۆپلىگەن كېدىر دەرەخلىرىنى ۋە باشقا ئېسىل دەرەخلەرنى ئىشلىتىپ سېلىنغان (تەۋرات، «ئەزرا»، 7:3).
—«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بۇ بابنى تەپسىلىي شەرھلەيمىز.
6:11 **«مەن... ھەربىرىنى ئۆز يېقىنىنىڭ قولىغا ۋە ئۆز پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن»** ــ «ئۆز پادىشاھى» ئالاھىدە ئىبارە بولۇپ، بەلكىم خۇدا شۇ پادىشاھنى تاللىمىغانلىقىنى، بەلكى يەھۇدادىكىلەر ئۆزلىرى تاللىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. زەكەرىيانىڭ دەۋرىدە يەھۇدانىڭ ھېچ پادىشاھى يوق ئىدى (يەھۇدا پارس ئىمپېرىيەسى ئاستىدا بولغان).

[7] شۇڭا مەن «بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادا»نى بېقىپ تۇردۇم، بولۇپمۇ
پادىنىڭ ئارىسىدىكى مىسكىن مۆمىنلەرنى باقتىم. مەن ئۆزۈمگە
ئىككى تاياقنى ئالدىم؛ بىرىنچىسىنى «شاپائەت»، ئىككىنچىسىنى
«رىشتە» دەپ ئاتىدىم؛ شۇنىڭ بىلەن مەن پادىنى باقتىم.
[8] شۇنىڭدەك مەن بىر ئاي ئىچىدە ئۈچ پادىچىنى ھالاك قىلدىم؛ مېنىڭ
جېنىم بۇ خەلقتىن بىزار بولدى ۋە ئۇلارنىڭ جېنى مېنى ئۆچ كۆردى.
[9] مەن: «مەن سىلەرنى باقمايمەن؛ ئۆلەي دەپ قالغانلىرى ئۆلۈپ
كەتسۇن؛ ھالاك بولاي دەپ قالغانلىرى ھالاك بولسۇن؛ تىرىك

---

7:11 **«شۇڭا مەن «بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادا»نى بېقىپ تۇردۇم، بولۇپمۇ پادىنىڭ ئارىسىدىكى مىسكىن مۆمىنلەرنى باقتىم»** — «پادا» ئىسرائىل خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. پادىنىڭ «ئارىسىدىكى مىسكىن مۆمىنلەر»، خۇداغا سادىق «قالدى»لار ئىدى (11-ئايەتنى كۆرۈڭ). زەكەرىيا پادىچىلىق ۋەزىپىسىنى **ئۇلارنى دەپ** زىممىسىگە ئالىدۇ. لېكىن خۇدانىڭ جازاسى پادىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بېشىغا چۈشۈش ئالدىدا تۇرىدۇ (5-ئايەت)؛ خۇدانىڭ نەزىرى بەربىر «پادا ئارىسىدىكى «مىسكىن مۆمىنلەر»» («قالدىلار») ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلار پادىنىڭ ئارىسىدىكى ئاز بىر قىسمىدۇر. **«مەن ئۆزۈمگە ئىككى تاياقنى ئالدىم؛ بىرىنچىسىنى «شاپائەت»، ئىككىنچىسىنى «رىشتە» دەپ ئاتىدىم؛ شۇنىڭ بىلەن مەن پادىنى باقتىم...»** — زەكەرىيا بەلكىم مەزكۇر ئىشنى، شۇنداقلا 8-14-ئايەتتىكى باشقا بەزى ئىشلارنى چۈشىدە ياكى ئالامەت كۆرۈنۈشتە كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن؛ بۇ ئىشلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئۇ خەلق ئالدىدا «رول ئېلىپ» كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

8:11 **«شۇنىڭدەك مەن بىر ئاي ئىچىدە ئۈچ پادىچىنى ھالاك قىلدىم...»** — «ئۈچ پادىچى» توغرۇلۇق بىزنىڭچە ئىككى ئىمكانىيەت بار. (1) «ئۈچ پادىچى» مەلۇم ئادەملەرنى ئەمەس، بەلكى خۇدا ئىسرائىل ئۈچۈن بېكىتكەن ئۈچ خىل پادىچىنى، يەنى «پەيغەمبەر»، «كاھىن» ۋە «پادىشاھ»نى بىلدۈرىدۇ. مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلىشى بىلەن، ئىسرائىلدا بۇ ئۈچ خىل «پادىچى» قالمىدى. (2) مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلى رىم ئىمپېرىيەسى يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، ئىسرائىلنىڭ بىر-بىرىگە ئۆچ بولغان ئۈچ يېتەكچىسى (يۇھاننا، سىمون ۋە ئەلئېزەر) بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن سوقۇشۇشلىرى تۈپەيلىدىن يېرۇسالېم ئاخىر بېرىپ ئىشغال قىلىنغان، بۇ ئۈچ «پادىچى» شۇ ھامان «پادىچىلىقتىن» قالغان. بىز 2-ئىمكانىيەتكە مايىلمىز. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز يەنە بۇنىڭ ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىمىز.

**قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ گۆشىنى يېسۇن» ــ دېدىم.**
**[10] مەن «شاپائەت» دېگەن تايىقىمنى ئېلىپ سۇندۇرىۋەتتىم،**
**شۇنىڭدەك مېنىڭ بارلىق ئەللەر بىلەن بولغان ئەھدەمنى**
**سۇندۇرۇۋەتتىم. [11] ئەھدە شۇ كۈنى بىكار قىلىۋېتىلدى؛ شۇڭا پادا**
**ئارىسىدىكى ماڭا دىققەت قىلغان مىسكىن مۆمىنلەر بۇنىڭ**
**پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. [12] ۋە مەن ئۇلارغا:**
**«مۇۋاپىق كۆرسەڭلار، مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بېرىڭلار؛ بولمىسا**
**بولدى قىلىڭلار» ــ دېدىم. شۇڭا ئۇلار مېنىڭ ئىش ھەققىمگە ئوتتۇز**
**كۈمۈش تەڭگىنى تارازىغا سالدى.**
**[13] ۋە پەرۋەردىگار ماڭا: «مانا بۇ ئۇلار ماڭا بېكىتكەن قالتىس باھا! ئۇنى**
**ساپالچىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەر!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوتتۇز**
**كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە، ساپالچىنىڭ**
**ئالدىغا چۆرۈۋەتتىم. [14] ئاندىن مەن يەھۇدا بىلەن ئىسرائىلنىڭ**
**قېرىنداشلىقىنى ئۈزۈش ئۈچۈن، ئىككىنچى تايىقىمنى، يەنى**
**«رىشتە»نى سۇندۇرۇۋەتتىم.**
**[15] ئاندىن پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: «سەن ئەمدى يەنە ئەرزىمەس**
**پادىچىنىڭ قوراللىرىنى ئال. [16] چۈنكى مانا، مەن زېمىندا بىر پادىچىنى**

---

9:11 **«ھالاك بولاي دەپ قالغانلىرى ھالاك بولسۇن؛ تىرىك قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ گۆشىنى يېسۇن» ــــ دېدىم»** ــ دەرۋەقە، رىم ئىمپېرىيەسى يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا كۆپ ئادەم ئاچارچىلىقتىن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېگەن.

11:11 **«... مىسكىن مۆمىنلەر بۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى»** ــ بۇ «مىسكىنلارنىڭ بىلىپ يېتىشى»نىڭ ئۆزىمۇ بەلكىم «ئالامەت كۆرۈنۈش»نىڭ بىر قىسمىدۇر. دېمەك، ھەممىسى پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن كېيىن يۈز بېرىدۇ.

**12:11** مات. 15:26؛ 9:27

13:11 **«پەرۋەردىگار ماڭا: «مانا بۇ ئۇلار ماڭا بېكىتكەن قالتىس باھا! ئۇنى ساپالچىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەر!» دېدى»** ــ «قالتىس باھا!» ــ كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ، ئەلۋەتتە.

**13:11** مات. 3:27-10

15:11 **«پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: «سەن ئەمدى يەنە ئەرزىمەس پادىچىنىڭ قوراللىرىنى ئال... »** ــ ياخشى پادىچىنىڭ قوراللىرى بولغان ئىككى تاياقنى سۇندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، «ئەرزىمەس پادىچىنىڭ قوراللىرىنى ئال» دەپ بۇيرۇلغان.

ئورنىدىن تۇرغۇزىمەنكى، ئۇ ھالاك بولاي دېگەنلەردىن خەۋەر ئالمايدۇ،
تېنەپ كەتكەنلەرنى ئىزدىمەيدۇ، يارىلانغانلارنى ساقايتمايدۇ،
ساغلاملارنىمۇ باقمايدۇ؛ ئۇ بەلكى سەمرىگەنلەرنىڭ گۆشىنى يەيدۇ،
ھەتتا تۇياقلىرىنى يىرىپ يەيدۇ. [17] پادىنى تاشلىۋەتكەن ئەرزىمەس
پادىچىنىڭ ھالىغا ۋاي! قىلىچ ئۇنىڭ بىلىكى ۋە ئوڭ كۆزىگە
چۈشىدۇ؛ ئۇنىڭ بىلىكى پۈتۈنلەي يىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى
پۈتۈنلەي قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ.

## يېرۇسالېمنىڭ ئاخىرقى قېتىم مۇھاسىرىگە چۈشۈشى — ئىسرائىللار ئۆزى ئۆلتۈرگەن قۇتقۇزغۇچىسىنى كۆرىدۇ

12 [1] پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىل توغرۇلۇق سۆزىدىن يۈكلەنگەن
بېشارەت: —
ئاسمانلارنى يايغۇچى، يەرنىڭ ئۇلىنى سالغۇچى، ئادەمنىڭ روھىنى
ئۇنىڭ ئىچىدە ياسىغۇچى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: —
[2] مانا، مەن يېرۇسالېمنى ئەتراپىدىكى بارلىق ئەللەرگە كىشىلەرنى

---

17:11 **«پادىنى تاشلىۋەتكەن ئەرزىمەس پادىچىنىڭ ھالىغا ۋاي! قىلىچ ئۇنىڭ بىلىكى ۋە ئوڭ كۆزىگە چۈشىدۇ؛ ئۇنىڭ بىلىكى پۈتۈنلەي يىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى پۈتۈنلەي قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ»** — بۇ سىرلىق بابنىڭ خەۋىرىنى يىغىنچاقلىساق: (1) ئىسرائىل ئۆزىنىڭ مەنپەئەتپەرەس «پادىچىلىرى» تەرىپىدىن كۆپ ئازاب تارتقان. (2) بىراق بۇ ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى بار. خۇدا مۇشۇ پادىچىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى جازالىغان ھەم جازالايدۇ. ئىسرائىل خەلقى ياخشى پادىچىنى، يەنى خۇدانىڭ ئۆزىنى كەمسىتىدۇ. ئۇلار ئۇنى «30 كۈمۈش تەڭگە»نىڭ باھاسىدا كۆرىدۇ. (3) بۇ پۇل ئىبادەتخانىدا تاشلىۋېتىلىدۇ؛ (4) ئۇلار ھەقىقىي پادىچىنىڭ بېقىشىنى رەت قىلىدۇ، شۇڭا خۇدا ئۇلارنى ناھايىتى رەزىل بىر پادىچىنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ؛ (5) خۇدا مۇشۇ رەزىل پادىچىنى ۋە بارلىق مەنپەئەتپەرەس پادىچىلارنىمۇ قاتتىق جازالايدۇ.
—ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، «ئۆزۈم ياخشى پادىچىدۇرمەن» دېگەن ئەيسا مەسىھ يەھۇدانىڭ 30 كۈمۈش تەڭگە ئۈچۈن ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن؛ كېيىن يەھۇدىي خەلقى رەزىل مەنپەئەتپەرەس يېتەكچىلەرنىڭ كاساپىتىدىن يەنە بىر قېتىم (رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن) دۇنيانىڭ چەت-چەتلىرىگىچە تارقىتىۋېتىلگەن. بۇ ئىشلار ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.
**17:11** يەر. 1:23؛ ئەز. 2:34؛ يـۇھ. 12:10

دەككە-دۇككىگە سالىدىغان ئاپقۇر قىلىمەن؛ يېرۇسالېمغا
چۈشىدىغان مۇھاسىرە يەھۇداغىمۇ چۈشىدۇ.
3 شۇ كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، مەن يېرۇسالېمنى بارلىق ئەللەرگە
ئېغىر يۈك بولغان تاش قىلىمەن؛ كىم ئۇنى ئۆزىگە يۈكلىسە
يارىلانماي قالمايدۇ؛ يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر ئۇنىڭغا جەڭ
قىلىشقا يىغىلىدۇ. 4 شۇ كۈنى مەن ھەممە ئاتلارنى ساراسىمىگە
سېلىپ، ئاتلىقلارنى ساراڭ قىلىپ ئۇرىمەن؛ بىراق يەھۇدا جەمەتىنى
كۆزۈمدە تۇتىمەن؛ ئەللەردىكى ھەربىر ئاتنى بولسا كورلۇق بىلەن
ئۇرۇۋېتىمەن. 5 شۇنىڭ بىلەن يەھۇدانىڭ يولباشچىلىرى كۆڭلىدە:
«يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ خۇداسى ئارقىلىق ماڭا كۈچ بولىدۇ» دەيدۇ.
6 شۇ كۈنى مەن يەھۇدانىڭ يولباشچىلىرىنى ئوتۇنلار ئارىسىدىكى
ئوتدانىدەك، ئۆنچىلەر ئارىسىدىكى مەشئەلدەك قىلىمەن؛ ئۇلار
ئەتراپىدىكى بارلىق ئەللەرنى، يەنى ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكىلەرنى
يەۋېتىدۇ؛ يېرۇسالېمدىكىلەر يەنە ئۆز جايىدا، يەنى يېرۇسالېم
شەھىرىدە تۇرىدىغان بولىدۇ. 7 پەرۋەردىگار ئاۋۋال يەھۇدانىڭ
چېدىرلىرىنى قۇتقۇزىدۇ؛ سەۋەبى ــ داۋۇت جەمەتىنىڭ شان-شەرىپى
ھەم يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ شان-شەرىپى يەھۇدانىڭكىدىن
ئۇلۇغلانماسلىقى ئۈچۈندۇر. 8 شۇ كۈنى پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدا
تۇرۇۋاتقانلارنى قوغدايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەلەڭشىپ
قالغانلارمۇ شۇ كۈنى داۋۇتتەك پالۋان بولىدۇ؛ داۋۇت جەمەتى بولسا
خۇدادەك، يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىدەك
كۈچلۈك بولىدۇ.
9 شۇ كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، يېرۇسالېمغا جەڭ قىلىشقا
كەلگەن بارلىق ئەللەرنى ھالاك قىلىشقا كىرىشىمەن. 10 ۋە مەن
داۋۇت جەمەتى ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ئۈستىگە شاپائەت

---

**6:12 «مەن يەھۇدانىڭ يولباشچىلىرىنى... ئۆنچىلەر ئارىسىدىكى مەشئەلدەك قىلىمەن»**
ــ «ئۆنچىلەر» ــ بۇغداي ياكى ئارپا باغلاملىرى.

يەتكۈزگۈچى ۋە شاپائەت تىلىگۈچى روھنى قۇيىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار ئۆزلىرى سانجىپ ئۆلتۈرگەن ماڭا يەنە قارايدۇ؛ بىرسىنىڭ تۇنجى
ئوغلى ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغا-زار كۆتۈرگەندەك ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن
يىغا-زار كۆتۈرىدۇ؛ يەككە-يېگانە ئوغلىدىن جۇدا بولغۇچىنىڭ
دەرد-ئەلەم تارتقىنىدەك ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دەرد-ئەلەم تارتىدۇ.
[11] شۇ كۈنى يېرۇسالېمدا غايەت زور يىغا-زار كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇ مەگىددو
جىلغىسىدىكى «خاداد-رىممون»دا كۆتۈرۈلگەن يىغا-زاردەك بولىدۇ.
[12] زېمىن يىغا-زار كۆتۈرىدۇ؛ ھەربىر ئائىلە ئايرىم ھالدا يىغا-زار
كۆتۈرىدۇ. داۋۇت جەمەتى ئايرىم ھالدا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم
ھالدا، ناتان جەمەتى ئايرىم ھالدا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم
ھالدا؛ [13] لاۋىي جەمەتى ئايرىم ھالدا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم
ھالدا؛ شىمەي جەمەتى ئايرىم ھالدا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم
ھالدا؛ [14] بارلىق تىرىك قالغان ئائىلىلەر، يەنى ھەربىر ئائىلە ئايرىم-
ئايرىم ھالدا ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم ھالدا يىغا-زار كۆتۈرىدۇ.

---

**10:12 «ئۇلار ئۆزلىرى سانجىپ ئۆلتۈرگەن ماڭا يەنە قارايدۇ»** ــ ياكى «ئۇلار ئۆزلىرى سانجىپ ئۆلتۈرگەن ماڭا تەلمۈرۈپ قارايدۇ». **«بىرسىنىڭ تۇنجى ئوغلى ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغا-زار كۆتۈرگەندەك ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغا-زار كۆتۈرىدۇ؛ يەككە-يېگانە ئوغلىدىن جۇدا بولغۇچىنىڭ دەرد-ئەلەم تارتقىنىدەك ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دەرد-ئەلەم تارتىدۇ»** ــ دېمىسەكمۇ بۇ بېشارەت ئىسرائىلنىڭ ئۆز قۇتقۇزغۇچى-خۇداسىنى سانجىيدىغانلىقىنى ياكى سانجىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، پۈتۈن خەلق ئاخىرقى زاماندا خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق بۇنى بىلىپ يېتىپ، قاتتىق ماتەم تۇتىدۇ. خۇدا شۇ چاغدا ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش يولىنى ئاچىدۇ (13-باب). «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ توغرۇلۇق يەنە توختىلىمىز.

**10:12** ئەز. 29:39؛ يو. 12:2، 13؛ يـۇھ. 19:36-37؛ ۋەھ. 7:1

**11:12 «... زور يىغا-زار... مەگىددو جىلغىسىدىكى «خاداد-رىممون»دا كۆتۈرۈلگەن يىغا-زاردەك بولىدۇ»** ــ «ھاداد-رىممون» بەلكىم «مېگىددو يىلغىسىدىكى بىر جاي بولۇشى مۇمكىن. شۇ يەردە كۆتۈرۈلگەن يىغا-زار (ماتەم تۇتۇشى)» بەلكىم ئىلگىرىكى ئىنتايىن ئىخلاسمەن پادىشاھ يوسىيانىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى تۈپەيلىدىن بولغان («2پاد.» 9-باب، «2تار.» 35:20-27-ئايەت).

**11:12** 2پاد. 23:29؛ 2تار. 35:22، 24

13 [1] شۇ كۈنى داۋۇت جەمەتى ھەم يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن
گۇناھنى ۋە پاسكىنىلىقنى يۇيىدىغان بىر بۇلاق ئېچىلىدۇ.
[2] شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار، ــ مەن مەبۇدلارنىڭ ناملىرىنى زېمىندىن
يوقىتىمەنكى، ئۇلار يەنە ھېچ ئەسلەنمەيدۇ؛ ۋە مەن پەيغەمبەرلەرنى
ۋە پاسكىنا روھنىمۇ زېمىندىن چىقىرىپ يوٚتكىۋېتىمەن. [3] شۇنداق
ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، بىرەيلەن يەنىلا پەيغەمبەرچىلىك قىلىپ
بېشارەت بېرەي دېسە، ئۇنىڭ ئوٚزىنى تۇغقان ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا:
«سەن ھايات قالمايسەن؛ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا يالغان
گەپ قىلىۋاتىسەن» دەيدۇ؛ ئاندىن ئوٚزىنى تۇغقان ئاتا-ئانىسى ئۇنى
بېشارەت بېرىۋاتقىنىدىلا سانجىپ ئوٚلتۈرىدۇ. [4] شۇ كۈنى شۇنداق
بولىدۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئوٚزلىرى بېشارەت بېرىۋاتقاندا
كوٚرگەن كوٚرۈنۈشتىن خىجىل بولىدۇ؛ ئۇلار خەقنى ئالداش ئۈچۈن
ئىككىنچى چۇپۇرلۇق چاپاننى كىيمەيدۇ؛ [5] ئۇ: «مەن پەيغەمبەر
ئەمەس، مەن پەقەت تېرىقچىمەن؛ چۈنكى ياشلىقىمدىن تارتىپ
تۇپراق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن» ــ دەيدۇ. [6] ئەمدى بىرسى

---

**1:13** لاۋ. 16؛ 26:23-32؛ زەك. 10:12-14؛ رىم. 26:11

**2:13** «**مەن پەيغەمبەرلەرنى ۋە پاسكىنا روھنىمۇ زېمىندىن چىقىرىپ يوٚتكىۋېتىمەن**» ــ بۇ پەيغەمبەرلەر ساختا پەيغەمبەرلەر، ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتتە بولسا مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى دۇنياغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق بولىدۇ.

**3:13** «**ئۇنىڭ ئوٚزىنى تۇغقان ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا: «سەن ھايات قالمايسەن؛ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن» دەيدۇ؛ ئاندىن ئوٚزىنى تۇغقان ئاتا-ئانىسى ئۇنى بېشارەت بېرىۋاتقىنىدىلا سانجىپ ئوٚلتۈرىدۇ**» ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ساختا پەيغەمبەرلەرنى ئوٚلتۈرۈش كېرەك. مۇشۇ ئادەمنىڭ ئاتا-ئانىسى خۇدادىن شۇنچە ئەيمىنىدۇكى، ئوٚز ئوغلىنى نەق مەيداندا ئوٚلتۈرىدۇ.

**3:13** قان. 6:13-11؛ 20:18

**4:13** «**ئۇلار خەقنى ئالداش ئۈچۈن ئىككىنچى چۇپۇرلۇق چاپاننى كىيمەيدۇ**» ــ ئىلىياس، ئېلىشا ۋە يەھيا پەيغەمبەرلەر مۇشۇنداق ئىنتايىن ئاددىي كىيىم كىيگەن.

**5:13** «**چۈنكى ياشلىقىمدىن تارتىپ تۇپراق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن**» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى ياشلىقىمدىن تارتىپ مەن ئادەمنىڭ مەدىكارى بولۇپ كەلدىم».

ئۇنىڭدىن: «ھەي، ئەمدى سېنىڭ مەيدەڭدىكى بۇ زەخمەتلەر نېمە؟»
ــ دېسە، ئۇ: «دوستلىرىمنىڭ ئۆيىدە يارىلىنىپ قالدىم» ــ دەپ جاۋاب
بېرىدۇ.

## ھەقىقىي پادىچىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ۋە نەتىجىلىرى توغرۇلۇق يەنە بىر بېشارەت

[7]ئويغان، ئى قىلىچ، مېنىڭ پادىچىمغا، يەنى مېنىڭ شېرىكىم
بولغان ئادەمگە قارشى چىق، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان پەرۋەردىگار؛ ــ پادىچىنى ئۇرۇۋەت، قويلار پاتىپاراق بولۇپ
تارقىتىۋېتىلىدۇ؛ مەن قولۇمنى كىچىك پېئىللارنىڭ ئۈستىگە
چۆشۈرۈپ تۇرغۇزىمەن. [8]زېمىندا شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، ــ
دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ ئۇچتىن ئىككى قىسمى قىرىلىپ ئۆلىدۇ؛ بىراق
ئۇچتىن بىر قىسمى ئۇنىڭدا تىرىك قالىدۇ. [9]ئاندىن مەن ئۇچىنچى
قىسمىنى ئوتقا كىرگۈزىمەن، ئۇلارنى كۈمۈش تاۋلىغاندەك تاۋلايمەن،
ئالتۇن سىنالغاندەك ئۇلارنى سىنايمەن؛ ئۇلار مېنىڭ نامىمنى
چاقىرىپ نىدا قىلىدۇ ۋە مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىمەن؛ مەن: «بۇ مېنىڭ
خەلقىم» دەيمەن؛ ئۇلار: «پەرۋەردىگار مېنىڭ خۇدايىم» ــ دەيدۇ.

---

6:13 **«ئەمدى بىرسى ئۇنىڭدىن: «ھەي، ئەمدى سېنىڭ مەيدەڭدىكى بۇ زەخمەتلەر نېمە؟» ــ دېسە، ئۇ: «دوستلىرىمنىڭ ئۆيىدە يارىلىنىپ قالدىم» ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ»** ــ «مەيدەڭدىكى زەخمەتلەر» ئىبرانىي تىلى بويىچە سۆزمۇسۆز ئالساق «ئىككى قولۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەخمەتلەر» بولىدۇ. «بۇتپەرەس پەيغەمبەرلەر» جىن-شەيتانلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن پات-پات ئۆز تېنىنى كېسىۋالاتتى ۋە ئاخىرقى زاماندىمۇ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن («1پاد.»، 28:18-ئايەتتە مىسال كۆرۈلىدۇ). شۇنىڭ بىلەن خەلق مۇشۇنداق زەخمەتلەردىن گۇمانلىنىدۇ، ساختا پەيغەمبەر زەخمەتلىرىدىن خىجىل بولۇپ روشەن بىر يالغان باھانىنى كۆرسىتىدۇ.

7:13 **«مەن قولۇمنى كىچىك پېئىللارنىڭ ئۈستىگە چۆشۈرۈپ تۇرغۇزىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەن قولۇمنى كىچىك پېئىللار ئۈستىگىمۇ قارشى چۆشۈرىمەن». بىراق بىزنىڭ تەرجىمىمىز 8-ئايەتكە ماسلىشىدۇ؛ ئومۇمىي مەنىسى خۇدا ئۆزىگە تەۋە كىچىك پېئىللىقلارنى قوغدايدۇ.

**7:13** قان. 42:37؛ يەش. 20:26؛ مات. 31:26؛ مار. 27:14؛ لۇقا 22:35-38؛ يۇھ. 8:18؛ زەف. 3:2

**9:13** زەب. 50:3-5، 15؛ 15:91؛ 15:144؛ مال. 3:1-4؛ يۇھ. 28:20؛ 1پېت. 6:1.

## پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ پادىشاھلىقى

14 1 مانا، پەرۋەردىگارغا خاس كۈن كېلىدۇ؛ ئۇ كۈنى ئاراڭدىن
مال-مۈلكۈڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ بۆلۈشۈۋېلىنىدۇ. 2 مەن
بارلىق ئەللەرنى يېرۇسالېمغا جەڭ قىلىشقا يىغىمەن؛ شەھەر ئىشغال
قىلىنىدۇ، ئۆيلەر بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ، قىز-ئاياللار ئاياغ-ئاستى
قىلىنىدۇ؛ شەھەرنىڭ يېرىمى ئەسىرگە چۈشۈپ سۈرگۈن قىلىنىدۇ؛
تىرىك قالغان خەلق شەھەردىن ئېلىپ كېتىلمەيدۇ.
3 ئاندىن پەرۋەردىگار چىقىپ شۇ ئەللەر بىلەن ئۇرۇشىدۇ؛ ئۇ ئۇنىڭ
جەڭ قىلغان كۈندىكىدەك ئۇرۇشىدۇ. 4 ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇ كۈنى
يېرۇسالېمنىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ ئەڭ ئالدى بولغان زەيتۇن تېغىدا
تۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن زەيتۇن تېغى ئوتتۇرىدىن شەرق ۋە غەرب تەرەپكە
يېرىلىدۇ؛ زور يوغان بىر جىلغا پەيدا بولىدۇ؛ تاغنىڭ يېرىمى شىمال
تەرەپكە، يېرىمى جەنۇب تەرەپكە يۆتكىلىدۇ. 5 ۋە سىلەر مېنىڭ
تاغلىرىمنىڭ دەل مۇشۇ جىلغىسى بىلەن قاچىسىلەر؛ چۈنكى

---

**1:14** يو. 2:10، 31؛ 3:15؛ يەش. 2:12-22؛ 6:13-13؛ 23:24؛ ئام. 8:9؛ مات .24:29؛ روس. 2:20؛ ۋەھ. 6:12-13.

**2:14** يەش. 13:16

3:14 **«... پەرۋەردىگار چىقىپ شۇ ئەللەر بىلەن ئۇرۇشىدۇ؛ ئۇ ئۇنىڭ جەڭ قىلغان كۈندىكىدەك ئۇرۇشىدۇ»** ــ «جەڭ قىلغان كۈندىكىدەك» بەلكىم پەرۋەردىگار ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزغان كۈننى («مىس.» 14-15-باب) ياكى يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە ئۇنىڭ ئاموريىلار بىلەن قىلغان جېڭىنى كۆرسىتىدۇ («يەشۇئا» 10-باب).

**3:14** يەش. 13:42

4:14 **«ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇ كۈنى يېرۇسالېمنىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ ئەڭ ئالدى بولغان زەيتۇن تېغىدا تۇرىدۇ»** ــ ئوقۇرمەنلەر ئىنجىلدىن شۇنى بىلىدۇكى، ئەيسا مەسىھ دۇنيادىن ئايرىلىپ كەتكەندە ئۇ دەل مۇشۇ تاغدىن كۆتۈرۈلگەن، ۋە شۇ چاغدا پەرىشتىلەر روسۇللىرىغا: «ئەيسا ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. بىراق ئۇ قانداق كۆتۈرۈلگەن بولسا، كەلگۈسىدە يەنە دەل سىلەر كۆرگەن پېتى قايتىپ كېلىدۇ» ــ دېدى. **«شۇنىڭ بىلەن زەيتۇن تېغى ئوتتۇرىدىن شەرق ۋە غەرب تەرەپكە يېرىلىدۇ؛ زور يوغان بىر جىلغا پەيدا بولىدۇ؛ تاغنىڭ يېرىمى شىمال تەرەپكە، يېرىمى جەنۇب تەرەپكە يۆتكىلىدۇ»** ــ گېئولوگلار زەيتۇن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەرقتىن-غەربكە سوزۇلغان بىر «يەر پوستى ئۆزۈلمىسى»نى تاپقان. ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دە يېرىلىشنى كۈتمەكتە.

**4:14** دان. 7:13؛ ئەز.11:23؛ مات. 24:30؛ مار. 13:26؛ لۇقا 21:27؛ 1تېس. 1:10؛ 2تېس. 1:10؛ ۋەھ. 1:7.

تاغلارنىڭ جىلغىسى ئازەلگىچە بارىدۇ؛ سىلەر يەھۇدا پادىشاھى
ئۇززىيانىڭ كۈنلىرىدە بولغان يەر تەۋرەشتە قاچقىنىڭلاردەك
قاچىسىلەر. ئاندىن پەرۋەردىگار خۇدايىم كېلىدۇ؛ ھەمدە سەن بىلەن
بارلىق «مۇقەددەس بولغۇچىلار»مۇ كېلىدۇ! [6]شۇ كۈنى شۇنداق
بولىدۇكى، نۇر توختاپ قالىدۇ؛ پارلاق يۇلتۇزلارمۇ قاراڭغۇلىشىپ
كېتىدۇ؛ [7]بىراق ئۇ پەرۋەردىگارغا مەلۇم بولغان ئالاھىدە بىر كۈن،
يا كېچە يا كۈندۈز بولمايدۇ؛ شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، كەچ
كىرگەندە، ئالەم يورۇتۇلىدۇ.
[8]شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، ھاياتلىق سۇلىرى يېرۇسالېمدىن ئېقىپ
چىقىدۇ؛ ئۇلارنىڭ يېرىمى شەرقىي دېڭىزغا، يېرىمى غەربىي دېڭىزغا
قاراپ ئاقىدۇ؛ يازدا ۋە قىشتا شۇنداق بولىدۇ.
[9]پەرۋەردىگار پۈتكۈل يەر يۈزى ئۈستىدە پادىشاھ بولىدۇ؛ شۇ كۈنى

---

5:14 **«سىلەر مېنىڭ تاغلىرىمنىڭ دەل مۇشۇ جىلغىسى بىلەن قاچىسىلەر؛ چۈنكى تاغلارنىڭ جىلغىسى ئازەلگىچە بارىدۇ»** — «ئازەل»نىڭ قەيەردىلىكى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. ھازىرقى ئەھۋالدا، يېرۇسالېمدىن شەرققە قېچىش مۇمكىن ئەمەس؛ «كىدرون جىلغىسى»، شۇنداقلا ئىنتايىن تىك بولغان زەيتۇن تېغىنىڭ ئۆزى مۇشۇنداق «قېچىش يولى»نى توسۇۋالىدۇ. **«ئاندىن پەرۋەردىگار خۇدايىم كېلىدۇ؛ ھەمدە سەن بىلەن بارلىق «مۇقەددەس بولغۇچىلار»مۇ كېلىدۇ!»** — «مۇقەددەس بولغۇچىلار» بارلىق كېرۇب-پەرىشتىلەر ۋە بەلكىم ئۆلۈمدىن تىرىلگەن خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنى كۆرسىتىدۇ («1تېس.» 17-13:4نى كۆرۈڭ).

**5:14** ئام. 1:1

7:14 **«بىراق ئۇ پەرۋەردىگارغا مەلۇم بولغان ئالاھىدە بىر كۈن، يا كېچە يا كۈندۈز بولمايدۇ؛ شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، كەچ كىرگەندە، ئالەم يورۇتۇلىدۇ»** — بەزى ئالىملار بۇ نۇر مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېمەك، شۇ كۈنلەردە كېچىدە كۈندۈزگە ئوخشاش يورۇقلۇق بولىدۇ. خۇداغا نىسبەتەن بۇ «مىڭ يىل» پەقەت «بىر كۈن»دەك بولىدۇ («2پېت.» 8:3، «ۋەھ.» 20-بابنى كۆرۈڭ). بىز بۇ پىكىرگە قوشۇلىمىز. «قوشۇمچە سۆز»دە ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ توختىلىمىز.

**7:14** ۋەھ. 25:21

8:14 **«ئۇلارنىڭ ، يەنى سۇلارنىڭ يېرىمى شەرقىي دېڭىزغا، يېرىمى غەربىي دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ...»** — «شەرقىي دېڭىز» يەنى «ئۆلۈك دېڭىز»، «غەربىي دېڭىز» يەنى «ئوتتۇرا دېڭىز».

**8:14** ئەز. 12-1:47؛ يو. 18:3؛ ۋەھ. 1:22

پەقەت بىر «پەرۋەردىگار» بولىدۇ، يەر يۈزىدە بىردىنبىر ئۇنىڭلا نامى
بولىدۇ. [10] گېبادىن يېرۇسالېمنىڭ جەنۇبىدىكى رىممونغىچە بولغان
پۈتۈن زېمىن «ئاراباھ»دەك تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇلىدۇ؛ يېرۇسالېم
بولسا «بىنيامىن دەرۋازىسى»دىن «بىرىنچى دەرۋازا»غىچە ۋە يەنە
«بۇرجەك دەرۋازىسى»غىچە، «ھانانىيەلنىڭ مۇنارى»دىن پادىشاھنىڭ
شاراب كۆلچەكلىرىگىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، لېكىن شەھەر يەنىلا
ئۆز جايىدا شۇ پېتى تۇرىدۇ؛ [11] ئادەملەر يەنە ئۇنىڭدا تۇرىدۇ. «ھالاك
پەرمانى» يەنە ھېچ چۈشۈرۈلمەيدۇ؛ يېرۇسالېم خاتىرجەملىكتە
تۇرىدۇ.
[12] ۋە پەرۋەردىگار يېرۇسالېمغا جەڭ قىلغان بارلىق ئەللەرنى ئۇرۇشقا
ئىشلەتكەن ۋابا شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار ئۆرە بولسىلا گۆشلىرى
چىرىپ كېتىدۇ؛ كۆزلىرى چاناقلىرىدا چىرىپ كېتىدۇ؛ تىللىرى

---

9:14 **«پەرۋەردىگار پۈتكۈل يەر يۈزى ئۈستىدە پادىشاھ بولىدۇ؛ شۇ كۈنى پەقەت بىر «پەرۋەردىگار» بولىدۇ...»** ــ دېمەك، نە ئىسرائىللار نە ئەللەر ھېچقانداق بۇتنى (بۇرۇنقىدەك خالىغانچە) «پەرۋەردىگار» دەۋالمايدۇ.

10:14 **«يېرۇسالېم بولسا «بىنيامىن دەرۋازىسى»دىن «بىرىنچى دەرۋازا»غىچە ۋە يەنە «بۇرجەك دەرۋازىسى»غىچە، «ھانانىيەلنىڭ مۇنارى»دىن پادىشاھنىڭ شاراب كۆلچەكلىرىگىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ»** ــ ««بىنيامىن دەرۋازىسى»دىن «بىرىنچى دەرۋازا»غىچە ۋە يەنە «بۇرجەك دەرۋازىسى»غىچە»» دېگەن ئارىلىق يېرۇسالېمنىڭ شەرقىدىن غەربىغىچە بارلىق جايلارنى ۋە ««خانانەلنىڭ مۇنارى»دىن «پادىشاھنىڭ شاراب كۆلچەكلىرى»گىچە» دېگەن ئارىلىق ئۇنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغىچە بولغان بارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، پۈتۈن شەھەرنى بىلدۈرىدۇ، پۈتۈن شەھەر كۆتۈرۈلىدۇ. **«لېكىن شەھەر يەنىلا ئۆز جايىدا شۇ پېتى تۇرىدۇ»** ــ بۇ ئايەت بويىچە يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلار (60 كىلومېتىرچە ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكتە) تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇلىدۇ. شۇنداق دېگىنى بىلەن «شەھەر يەنىلا ئۆز جايىدا شۇ پېتى تۇرىدۇ».

11:14 **««ھالاك پەرمانى» يەنە ھېچ چۈشۈرۈلمەيدۇ؛ يېرۇسالېم خاتىرجەملىكتە تۇرىدۇ»** ــ «ھالاك پەرمانى» ــ ئۆتكەندە خۇدا (ئېغىر گۇناھ تۈپەيلىدىن) مەلۇم بىر نەرسە، ئادەم، ئائىلە، شەھەر ياكى ھەتتا پۈتۈن بىر خەلق توغرۇلۇق «ھالاك پەرمانى» چۈشۈرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىش كېرەك ئىدى. دېمەك، ئىسرائىلدا ھازىر «ھالاك پەرمانى» چۈشۈرۈلگۈدەك گۇناھلار ھېچ تېپىلمايدۇ.

ئاغزىدا چىرىپ كېتىدۇ. [13] شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ
ئارىسىغا پەرۋەردىگاردىن زور بىر ئالاقزادىلىك چۈشىدۇ؛ ئۇلار
ھەربىرى ئۆز يېقىنىنىڭ قولىنى تۇتۇشىدۇ، ھەربىرىنىڭ قولى
يېقىنىنىڭ قولىغا قارشى كۆتۈرۈلىدۇ. [14] يەھۇدامۇ يېرۇسالېمدا جەڭ
قىلىدۇ؛ ئەتراپىدىكى بارلىق ئەللەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرى جەم قىلىپ
يىغىلىدۇ ــ سان-ساناقسىز ئالتۇن-كۈمۈش ۋە كىيىم-كېچەكلەر
بولىدۇ. [15] ئات، قېچىر، تۆگە، ئېشەك، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بارگاھلىرىدا
بولغان بارلىق مال-ۋارانلار ئۈستىگە چۈشكەن ۋابا يۇقىرىقى ۋاباغا
ئوخشاش بولىدۇ.
[16] شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، يېرۇسالېمغا جەڭ قىلىشقا كەلگەن
ھەممە ئەللەردىن بارلىق تىرىك قالغانلار ھەر يىلى يېرۇسالېمغا،
پادىشاھقا، يەنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا
ئىبادەت قىلىشقا ۋە «كەپىلەر ھېيتى»نى تەبرىكلەشكە چىقىدۇ.
[17] شۇنداق بولىدۇكى، يەر يۈزىدىكى قوۋم-جەمەتلەردىن پادىشاھقا،
يەنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا ئىبادەتكە
چىقمىغانلار بولسا، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يامغۇر ياغمايدۇ.
[18] مىسىر جەمەتى چىقىپ ھازىر بولمىسا، ئۇلارغىمۇ يامغۇر بولمايدۇ؛
بىراق پەرۋەردىگار «كەپىلەر ھېيتى»نى تەبرىكلەشكە چىقمايدىغان
بارلىق ئەللەر ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان ۋابا ئۇلارغىمۇ چۈشۈرۈلىدۇ. [19] بۇ
مىسىرنىڭ جازاسى، شۇنداقلا «كەپىلەر ھېيتى»نى تەبرىكلەشكە
چىقمايدىغان بارلىق ئەللەرنىڭ جازاسى بولىدۇ.

---

**12:14 «كۆزلىرى چاناقلىرىدا چىرىپ كېتىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «كۆزى». **«تىللىرى ئاغزىدا چىرىپ كېتىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «تىلى».

**16:14** يەش. 23:66

**18:14 «مىسىر جەمەتى چىقىپ ھازىر بولمىسا، ئۇلارغىمۇ يامغۇر بولمايدۇ؛ بىراق پەرۋەردىگار «كەپىلەر ھېيتى»نى تەبرىكلەشكە چىقمايدىغان بارلىق ئەللەر ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان ۋابا ئۇلارغىمۇ چۈشۈرۈلىدۇ»** ــ مىسىرنىڭ تېرىقچىلىقى يامغۇرغا ئانچە تايانمايدۇ، بەلكى نىل دەرياسىغا تايىنىدۇ؛ شۇڭا ئۇلارغا ئەسكەرتىلىدۇكى، قوشۇمچە بىر «ۋابا» ئۇلارغا چۈشىدۇ. بۇ قانداق ۋابا دېيىلمىدى.

[20] شۇ كۈنى ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئۈستىگە «پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ
پاك-مۇقەددەس بولسۇن!» دەپ يېزىلىدۇ؛ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى
بارلىق قاچا-قۇچىلارمۇ قۇربانگاھ ئالدىدىكى قاچىلارغا ئوخشاش
ھېسابلىنىدۇ؛ [21] يېرۇسالېمدىكى ۋە يەھۇدادىكى بارلىق قاچا-
قۇچىلارمۇ پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ پاك-مۇقەددەس بولىدۇ؛ قۇربانلىق
قىلغۇچىلار كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ قۇربانلىق گۆشلىرىنى پىشۇرىدۇ؛
شۇ كۈنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ
ئۆيىدە «قانائانلىق-سودىگەر» ئىككىنچى بولمايدۇ.

---

21:14 **«... پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ پاك-مۇقەددەس بولىدۇ»** ــ ئىبرانيي تىلىدا «پەرۋەردىگارغا قارىتا پاك-مۇقەددەسلىك» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزلەر باش كاھىنىنىڭ بېشىغا تاقالغان ئالتۇن ئوتۇغاتقا نەقىشلەنگەن («مىس.» 36:28نى كۆرۈڭ). **«پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە «قانائانلىق-سودىگەر» ئىككىنچى بولمايدۇ»** ــ «قانائانلىق-سودىگەر» ئىبرانيي تىلىدا «قانائانلىق»، پەلەستىندىكى قەدىمكى بۇتپەرەس مىللەتلەرنى ھەم «سودىگەر» دېگەن ئىككى مەنىنى كۆرسىتىدۇ. خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا ھېچقانداق بۇتپەرەس (خۇدانى بىرىنچى ئورۇنغا قويمىغان) كىشى ياكى «ئىبادەتنى سودىغا ئايلاندۇرىدىغان» مەنپەئەتپەرەس بولغۇچى تېپىلمايدۇ.

**21:14** يەش. 8:35؛ يو. 17:3؛ ۋەھ. 27:21؛ 15:22

# قوشۇمچە سۆز

«زەكەرىيە پەيغەمبەر» دېگەن كىتاپقا بېرىلگەن «قوشۇمچە سۆز» بىر قەدەر ئۇزۇنراق بولدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، ئوقۇرمەنلەرگە «مۇقەددەس يازمىلارنى ھەقىقىي چۈشەندۈرگۈچى مۇقەددەس يازمىلاردۇر» دېگەن مۇھىم پرىنسىپقا كونكرېت مىسال تەمىنلەش ئۈچۈن؛ ئىككىنچىدىن، تەۋراتتىكى 39 كىتابنىڭ ئارىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداقلا ئىنجىلدىكى 27 كىتابنىڭ تەۋرات بىلەن ئايرىلماس بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن. مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرگۈچىسى مۇقەددەس كىتابنىڭ ئۆزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ «قوشۇمچە سۆز»نىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى «زەكەرىيا»دىن باشقا مۇقەددەس يازمىلاردىن نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتلەردۇر.

## زەكەرىيا كىتابىنىڭ «كىرىش سۆز»ى (1:1-6)

بىز «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىلغا بولغان تۇنجى چاقىرىقى ئۇلارنى توۋا قىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر خىتاب ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىنقى سۆزىدىن بىز مۇنداق ئۈچ ئاگاھلاندۇرۇشنى بايقايمىز: -

«دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى سەككىزىنچى ئايدا، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئىددونىڭ نەۋرىسى، بەرەكىيانىڭ ئوغلى زەكەرىيا پەيغەمبەرگە كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ
پەرۋەردىگار ئاتا-بوۋىلىرىڭلاردىن ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەندى»
(1:1-2).

مانا بۇ بىرىنچى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئىسرائىل خەلقى يەر يۈزىدىكى بارلىق باشقا خەلق-مىللەتلەرگە ئوخشاش بولماسلىقى، ئۆز «ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەللىرى»دىن ماختىنىپ، ئۆز-ئۆزىنى ئالداپ يۈرمەسلىكى ھەم ئۆزىنى بىخودلاشتۇرماسلىقى، ئەكسىچە رېئاللىقتا يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ سۇرگۈن بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى لازىم ئىدى.

«شۇڭا سەن ئۇلارغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا قايتىپ كېلىمەن» ــ دەيدۇ»، ــ دېگىن.

«ــ ئاتا-بوۋىلىرىڭلاردەك بولماڭلار؛ چۈنكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار: ــ رەزىل يوللىرىڭلاردىن، رەزىل قىلمىشلىرىڭلاردىن يېنىپ توۋا قىلىڭلار، دېگەن»، ــ دەپ جاكارلىغان. بىراق ئۇلار ماڭا قۇلاق سالمىغان، بويسۇنمىغان، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار» (1:3-4).

مانا بۇ ئىككىنچى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر؛ «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ بۇ تېمىدا بولغان نۇرغۇن سۆزلىرىدىن، ئوقۇرمەنلەر «يەش.» 6:55-7، «ئەز.» 31:18، «يو.» 12:2-13، «ئاموس» 4:5-6، «زەف.» 2:2-3دىن بىرنەچچە مىساللارنى كۆرەلەيدۇ. ئىسرائىلنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ نۇرغۇن خىتابلارغا قۇلىقىنى گاس قىلىۋالغانلىقى مۇشۇ يەردە: «بىراق ئۇلار ماڭا قۇلاق سالمىغان، بويسۇنمىغان، دەيدۇ پەرۋەردىگار» دەپ يەكۈنلىنىدۇ. ئىسرائىلغا توۋا قىلىشقا بولغان چاقىرىق «تەۋرات دەۋرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر، شۇنداقلا تەۋرات دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئۇلۇغى» دەپ ھېسابلانغان چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا («مات.» 11:11-13) تەرىپىدىن («مات.» 2:3-12) ۋە رەببىمىزنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن داۋام قىلىندى («مات.» 1:4، 7). كېيىن، رەببىمىز ئەۋەتكەن روسۇللار جاكارلىغان خەۋەردە توۋا قىلىش تۈپ ئاساس قىلىنغان («لۇقا» 46:24-49، «روس.» 19:3، 30:17نى كۆرۈڭ).

ئەزاكىيال پەيغەمبەر خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئىسرائىلنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلاردىن ئايرىلغىنىنى قايغۇرغان بىر گۇۋاھچى بولغانىدى ــ «ئەز.» 23:11نى كۆرۈڭ. خۇدا زەكەرىيانىڭ دەۋرىدە ئىسرائىلغا: «مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا قايتىپ كېلىمەن» دەپ جاكارلايدۇ. ئىلگىرى مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا ئايان قىلىنغان شان-شەرەپ («1پاد.» 11:8) ھازىر كۆرۈنمەيدۇ؛ شۇنداق بولسىمۇ، پەرۋەردىگار ئۆز ھۇزۇرىنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەن، يېرۇسالېم ۋە يەھۇدادا تۇرۇۋاتقانلار ئارىسىدا تۇرغۇزۇشقا ۋەدە قىلىدۇ. ئۇلار بۇلارنى كۆزلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئىمان-ئېتىقاد ئارقىلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ چاقىرىق بىزلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. بىزمۇ چوقۇم «پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا» قايتىپ كېلىشىمىز كېرەك؛ ئاندىن ئۇ «يېنىڭلارغا قايتىپ كېلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغىنىدەك چوقۇم بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىدۇ ــ بىز ئۆز گۇناھلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىمىزدە، ئۇمۇ ئۆز شاپائىتى ۋە مەغپىرىتى بىلەن يېنىمىزغا كېلىدۇ؛ بىز نامراتلىق ھەم ھاجىتىمىزنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىمىز، ئۇ مول مېھىر-شەپقىتى ۋە چەكسىز دەسمايىسى بىلەن يېنىمىزغا كېلىدۇ! نېمەدېگەن ئاجايىب ئالماشتۇرۇش-ھە! ھەتتا ئەگەر ئۆزلۈكىمىزدىن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئىچكى دەرمانىمىز بولمىسىمۇ، بىز كەلگۈسى بىر دەۋردىكى ئىسرائىلنىڭ ئاخىرقى زاماندا قىلىدىغان دۇئاسىدەك: «بىزنى يېنىڭغا قايتۇرغايسەن، ئى پەرۋەردىگار؛ شۇنداق بولغاندا بىز قايتالايمىز» ۋە «ئى خۇدا، بىزنى ئۆز يېنىڭغا قايتۇرغايسەن! جامالىڭنىڭ نۇرىنى چاچقايسەن، شۇندا بىز قۇتقۇزۇلىمىز!» دەپ ئۆتۈنەيلى! («يىغ.» 21:5، «زەب.» 3:80).

««سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ھازىر قېنى؟ پەيغەمبەرلەر بولسا، مەڭگۈ ياشامدۇ؟ لېكىن مېنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇغان سۆزلىرىم ۋە بەلگىلىمىلىرىم، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ بېشىغىمۇ چۈشكەن ئەمەسمىدى؟».

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولىدىن يېنىپ: ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار يوللىرىمىز ۋە قىلمىشلىرىمىز بويىچە بىزنى قانداق قىلماقچى بولغان بولسا، شۇنداق قىلدى، ــ دېگەن». (1:5-6).

مانا بۇ ئۈچىنچى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. خۇدا ئۇلارغا ئاددىي ھالدا: ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا ئاگاھلاندۇرغىنىمدەك ئۆلدى، دەپ ئۇلارغا ئەسلىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئېسىگە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنىمۇ سالىدۇ.

(بەزى ئالىملار «پەيغەمبەرلەر مەڭگۈ ياشامدۇ؟» دېگەن سوئالنى خەلقنىڭ زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ ئېيتقان ئىمانسىز ياكى مەسخىرىلىك جاۋابى، دەپ قارايدۇ. ئەمما بىز ئەيىنى تېكىستتىن بۇنداق قاراشنىڭ ھېچقانداق ئاساسىنى كۆرەلمەيمىز).

بىز «پەيغەمبەرلەر مەڭگۈ ياشامدۇ؟» دېگەن بۇ سۆزنى يەنىلا زەكەرىيا ئېيتقان، دەپ قارايمىز؛ ئۇ مۇشۇ يەردە بىرىنچىدىن، خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خۇدانىڭ

خەلقى بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا ئەل-مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا مەغرۇرلانماسلىقى كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ (خالايىق ئەينى چاغدا «بىزدە خۇدا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر بار (ۋە سىلەردە يوق!)» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن)؛ ئىككىنچىدىن، ھەتتا ئۇلار ئارىسىدا پەيغەمبەرلەر بولمىغان ئەھۋالدىمۇ (شۇ چاغدا ئۇلاردا ھاگاي ۋە زەكەرىيا پەيغەمبەرلەر بار ئىدى، ئەلۋەتتە) ئۇلار: «ھازىر بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىز يوق، شۇڭا خۇدانىڭ بىزگە نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلمەيمىز» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئىتائەتسىزلىك قىلماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى مەڭگۈ ئىناۋەتلىك بولۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك سۆزلىرى ئىسرائىل خەلقىدە مۇقەددەس يازمىلاردا ساقلانغاندى.

مۇشۇ ئايەتلەرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن سىرگۈنلۈكتىن قايتقان خەلقنىڭ ئومۇمەن (ھاگاي پەيغەمبەر ئىسپاتلىغاندەك) خۇدانىڭ سۆزىگە دىلى يۇمشاق، ئىتائەتمەن بولغانلىقى ئايان قىلىنىدۇ.

## زەكەرىيا كۆرگەن «سەككىز غايىبانە كۆرۈنۈشلەر»

زەكەرىيانىڭ خەلققە قىلغان بىرىنچى سۆزىدىن تەخمىنەن ئۈچ ئايدىن كېيىن، پەيغەمبەر بىر كېچىسى سەككىز غايىبانە كۆرۈنۈشنى كۆرىدۇ. تۆۋەندە بىز ئۇلار توغرىسىدا تەپسىلىيراق توختىلىمىز.

ئوقۇرمەنلەر بۇلارنىڭ چوڭ ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرگە كېچىدە تاپشۇرۇلغان غايىبانە كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى ئېسىدە تۇتسۇن. مۇشۇ غايىبانە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاۋۋال سىمۋول خاراكتېرلىق بىرخىل كۆرۈنۈش ئايان قىلىنىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئۆزى بىر سوئال قويىدۇ ياكى ئۇنىڭغا بىر سوئال قويۇلۇش بىلەن جاۋاب بېرىلىپ، سىمۋوللار چۈشەندۈرۈلىدۇ.

## بىرىنچى غايىبانە كۆرۈنۈش - خاداس دەرەخلىرى ئارىسىدا ئاتلىقلار ئالدىدا تۇرغان پەرىشتە (1:7-17)

«دارىئۇس پادىشاھنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئون بىرىنچى ئاي، يەنى «شىبات ئېيى»نىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ كالامى ئىددونىڭ نەۋرىسى، بەرەكىيانىڭ ئوغلى زەكەرىيا پەيغەمبەرگە كەلدى. ئۇ مۇنداق بىشارەتنى كۆردى: —
مەن كېچىدە ئالامەت كۆرۈنۈشنى كۆردۈم؛ مانا، تورۇق ئاتقا مىنگەن بىر ئادەمنى كۆردۈم؛ ئۇ چوڭقۇر ئويمانلىقتىكى خاداس دەرەخلىرى ئارىسىدا تۇراتتى؛ ئۇنىڭ كەينىدە تورۇق، ئالا-تاغىل ۋە ئاق ئاتلار بار ئىدى» (7-8).

بىز شۇ سوئاللارنى قويىمىز: —

بىرىنچى سوئال: زەكەرىيا كۆرگەن «تورۇق ئاتقا مىنگەن ئادەم» كىم؟

ئىككىنچى سوئال: «خاداس دەرەخلىرى» ۋە «چوڭقۇر ئويمانلىق» نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

ئۈچىنچى سوئال: ئاتلارنىڭ رەڭگىنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

بىرىنچى سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى، 11-ئايەتتە بىزگە ئۇقتۇرۇلغاندەك «تورۇق ئاتقا مىنگەن ئادەم» «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»دۇر («ئۆز ئەھدىسىنىڭ پەرىشتىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). تەۋراتتىكى باشقا قىسىملاردىن بىلىمىزكى، «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» خۇدانىڭ ۋەكىلى بولۇپلا قالماي، يەنە خۇدانىڭ تەبىئىتىدە بولغان بىر شەخستۇر؛ باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نى مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى ئىنسانلارغا ئايان قىلغان شەكلى، دەپ ئىشىنىمىز. 10-ئايەتتە ئۇ زات تەكىتلىنىپ، «شۇ ئادەم» دېيىلىدۇ.

شەرھچىلەرنىڭ بەزىلىرى «تورۇق ئاتقا مىنگەن ئادەم» بىلەن «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نى باشقا-باشقا شەخسلەر، دەپ قارايدۇ؛ ئەمما ئۇلارنىڭ ئادەمنى ئىشەندۈرگۈدەك يېتەرلىك پاكىتلىرى يوق.

(ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە، ھەربىي قائىدە بويىچە دوكلات قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئالدى ئۇدۇل تەرىپىگە كېلىپ دوكلات قىلىش كېرەك

ئىدى؛ ئەينى تېكىستتە ئاتلىقلارنىڭ قايسى ئورۇندا تۇرۇپ دوكلات قىلغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. ئۇلار: ئاتلىقلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا «دوكلات قىلىش» ئورۇن جەھەتتىن مۇۋاپىق ئەمەس، دەيدۇ. بۇ پىكىرگە جاۋابەن ئاددىي شۇ سوئالنى قويىمىزكى، ئاتلىقلارنىڭ خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سەردارى ۋە يېتەكچىسى بولغان «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» كەينىگە بۇرۇلسا بولمامدۇ؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر ئىككى كۆرۈنەرلىك زات «دەرەخلەر ئارىسىدا» تۇرۇۋاتقان بولسا، زەكەرىيانىڭ دىققىتى دەرھال ئەڭ ئۇلۇغىغا، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»گە تارتىلمامتى؟ دېمەك، «تورۇق ئاتقا مىنگەن ئادەم» چوقۇم «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» بولۇشى كېرەك).

ئىككىنچى سوئالدا، كۆپ شەرھچىلەر «خاداس دەرەخلىرى» ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىزمۇ شۇنداق پىكىردىمىز. ئىسرائىلغا ۋەكىل بولۇشقا بۇ خىل دەرەخلەرنىڭ تاللىنىشىنى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، دەپ قارايمىز. خۇدانىڭ ئەھدىسىگە باغلانغان خەلقىگە ئۇلۇغ كېدىر ياكى كەڭ يېيىلىدىغان دۇب دەرىخى ئەمەس، بەلكى ئېگىز ئۆسمەيدىغان، تەسكەي جايلاردا ئىنسانىنىڭ نەزىرىدىن يوشۇرۇن ئۆسىدىغان خۇشپۇراقلىق خاداس دەرىخى مۇۋاپىق سىمۋول بولالايدۇ. چۈنكى «نامى «مۇقەددەس»، يۇقىرى ھەم ئالىي بولغۇچى، يەنى ئەبەدىلئەبەدگىچە ھايات بولغۇچى ... روھى سۇنۇق ھەم كىچىك پېئىل ئادەم بىلەن بىللە تۇرىدۇ» («يەش.» 15:57، 2:66).

سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «ھاداسساھ» ياكى «خاداسساھ» («خاداس دەرىخى») ئىسرائىللار ئارىسىدا قىز-ئاياللار ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىسىم بولۇپ قالدى. «ئەستەر» دېگەن ئۇلۇغ ئايالنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى ئىسمى «ھاداسساھ» ئىدى.

پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئەتراپىدىكى «خاداس دەرخلىرى» «چوڭقۇر ئويمانلىق»تا ئۆسىدۇ. ئىبرانىي تىلدا «چوڭقۇر ئويمانلىق» دېگەن سۆز «مەتسۇلاھ» بولۇپ، «تسۇل» دېگەن يىلتىزدىن ياسالغان. «تسۇل» دېگەننىڭ مەنىسى «سۇغا غەرق بولۇش»تۇر (مەسىلەن، «مىس.» 10:15). شۇڭا «مەتسۇلاھ» دېگەننى «چوڭقۇر دېڭىز» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. «زەب.» 6:88-7دە «سەن مېنى ھاڭنىڭ ئەڭ تېگىگە، زۇلمەتلىك جايلارغا،

دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە چۈمدۈردۇك؛ سەن بارلىق دولقۇنلىرىڭ بىلەن مېنى قىيىندىڭ» دېيىلىدۇ.

«زەب.» 23:107-24دە «كېمىلەردە دېڭىزغا چۈشۈپ قاتنىغۇچىلار،
بۈيۈك سۇلاردا تىرىكچىلىك قىلغۇچىلار
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىشلىرىغا گۇۋاھچىدۇر،
چوڭقۇر ئوكياندا كۆرسەتكەن كارامەتلەرنى كۆرگۈچىدۇر» دېيىلىدۇ.

تەۋرات ۋە ئىنجىلدا «دېڭىز» دائىم قالايمىقانچىلىقنى ۋە زۇلۇمغا تولغان دۇنيادىكى ئەللەرگە سىمۋول قىلىنىدۇ (مەسىلەن، «يەش.» 10:57؛ «دان.» 1:7-3-ئايەتتە دۇنيادىكى بىرنەچچە ئىمپېرىيەلەرگە ۋەكىل قىلىنىدىغان ياۋايى مەخلۇقلار «دېڭىزدىن چىقىدۇ»؛ بابىل ئىمپېرىيەسى يەشايا تەرىپىدىن «دېڭىزنىڭ چۆل-باياۋىنى» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ (1:21) يەنە «ۋەھ.» 1:13نىمۇ كۆرۈڭ).

«چوڭقۇر ئويمانلىق» ياكى «چوڭقۇر دېڭىز»نى «يات ئەللەر ئارىسىدا» تۇرۇپ «زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىق دولقۇنلىرى» باسىدىغان ئىسرائىلنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرسەتكەن مۇۋاپىق سىمۋول دېيىشكە بولىدۇ. زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە ئىسرائىل ئاللىقاچان مۇستەقىللىق ۋە ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بولۇپ، ئەيسا مەسىھ ئېيتقان «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى»دا تۇراتتى. مەسىھ ئېيتقان شۇ «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى» بابىللىق نېبوقادنەسارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئىسرائىلغا بولغان يەتمىش يىللىق زۇلۇمى بىلەن باشلانغانىدى («لۇقا» 24:21 ۋە «لۇقا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ). لېكىن بۇ، خۇدا ئۇلاردىن ۋاز كېچىپ تاشلىۋەتكەن دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە قەدىمدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىنى ئاغرىتقان، قايتا-قايتا قۇتقۇزغان، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەن «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئۇ دائىم ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەييار تۇرۇپ كەلگەنىدى: —

«سەن سۇلاردىن ئۆتكىنىڭدە، مەن سەن بىلەن بىللە بولىمەن؛
دەريالاردىن ئۆتكىنىڭدە، ئۇلار سېنى غەرق قىلمايدۇ» («يەش.» 2:43)

بۇ كۆزگە ئىلىنمايدىغان كىچىك خەلق ئۆزىنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ تەربىيىلىك جازاسى ئاستىدا تۇرغاچقا، دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغانىدى؛ لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىدۇر.

بۇ كۆرۈنۈش زەكەريا پەيغەمبەرگە يەتكۈزۈلگەن نىمدىگەن چوڭ تەسەللى-ھە! زەبۇردا: «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغانلارنى قوغداپ ئەتراپىغا چېدىرىنى تىكىدۇ (مەزكۇر ئايەتتە ئېيتىلغاندەك، ھەتتا ساناقسىز بىر قوشۇننى باشلاپ)، ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ» (7:34).

بەزى شەرھچىلەر: «خۇدا ئىسرائىلنى ھازىر مۇتلەق تاشلىۋەتكەن» دەپ قارىغان بولسىمۇ، شۇنداقلا ۋە ھەتتا يەھۇدىيلار ئۆزلىرى توغرۇلۇق: ««پەرۋەردىگار مەندىن ۋاز كەچتى، رەب مېنى ئۇنتۇپ كەتتى!» دېگىنى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن يەنىلا ئۆز پىلانى باردۇر: «چۈنكى مەن سېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەن بىلەن بىللىدۇرمەن، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ مەن سېنى تارقىتىۋەتكەن ئەللەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگەشتۈرسەممۇ، لېكىن سېنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرمەيمەن؛ پەقەت ئۇستۇلدىن ھۆكۈم چىقىرىپ تەربىيە-ساۋاق بېرىمەن؛ سېنى جازالىماي قويمايمەن»، «ھالبۇكى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ زېمىنىدا تۇرغىنىدا مەن ئۇلارنى تاشلىمايمەن ياكى ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلمايمەن، شۇنىڭدەك ئۇلار بىلەن باغلىغان ئەھدەمنى بۇزمايمەن، ئۇلارنى يوقاتمايمەن؛ چۈنكى مەن ئۆزۈم ئۇلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگاردۇرمەن» («يەر.» 11:30، «لاۋ.» 44:26) پەرۋەردىگارنىڭ بۇ مەقسىتى ئاخىرقى زاماندا چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ!

ئۈچىنچى سوئالغا نىسبەتەن، يەنى ئاتلارنىڭ رەڭلىرى توغرۇلۇق بىرنەرچە ئېغىز سۆزلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. رەڭلەر شۈبھىسىزكى، ئاتلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

قىزىل ياكى تورۇق رەڭلەر بولسا جازا، ئۇرۇش، قان، ئىنتىقامغا ۋەكىل بولىدۇ. «ۋەھ.» 4:6دە يەر يۈزىدىكىلەردىن ئامان-تىنچلىقنى مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، خۇدا ۋە ئۇنىڭ مەسىھىگە دۈشمەن بولغان ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە سوقۇشتۇرۇش ئۈچۈن قىزىل ئاتقا مىنگەن بىر پەرىشتىگە چوڭ بىر شەمشەر تاپشۇرۇلىدۇ؛ «يەشايا» 63-بابتا، مەسىھنىڭ قىزىل بويالغان كىيىم-كېچەكنى كىيىپ خۇدانىڭ ئىنتىقامىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن چىقىدىغانلىقى كۆرۈنىدۇ. مۇشۇ يەردىمۇ، شۈبھىسىزكى، «قىزىل»نىڭ ئوخشاش سىمۋوللۇق مەنىسى بار – دېمەك، «پەرۋەردىگارنىڭ

پەرىشتىسى»نىڭ پەرىشتە قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئىسرائىلنى ئەزگۈچىلەرنىڭ ئۈستىگە خۇدانىڭ جازالىرىنى يەتكۈزۈشكە تەييارلانغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

«ئالا-تاغىل» (ئىبرانىي تىلىدا «سەرۇككىم»): — بۇنىڭ زادى قايسى رەڭ ئىكەنلىكىگە بىرنېمە دېيىش تەس. بۇ رەڭ ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە قويۇلغان پەرەزلەر كۆپتۇر. داۋۇت بارونىنىڭ پىكرىچە، «سەرۇككىم» ئەبجەش قىلىنغان بىرخىل رەڭنى كۆرسىتىدۇ؛ ۋەزىپىسى بەلكىم جازالاش ھەم رەھىم قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

«ئاق رەڭ» مۇقەددەس يازمىلاردا «نۇسرەت قازىنىش»قا سىمۋول قىلىنىدۇ (مەسىلەن، «ۋەھ.» 11:19دە، مەسىھ دەججالنىڭ پۈتكۈل قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغاندا ئاپئاق كىيىم كىيىدۇ).

ئۆز سەردارىنىڭ ئەمرىنى بەجانىدىللىق بىلەن بىجىرىشكە تەييار تۇرۇۋاتقان بۇ پەرىشتىلەر قوشۇنىنىڭ زەكەرىيا پەيغەمبەرگە كۆرسىتىلىشىنىڭ مەقسىتى، شۈبھىسىزكى، زەكەرىيانىڭ كىيىن خەلقنى رىغبەتلەندۈرۈشى ئۈچۈن ئىدى. «زەبۇر»دا ئېيتىلغاندەك «خۇدانىڭ جەڭ ھارۋىلىرى تۈمەن-تۈمەن، مىليون-مىليوندۇر؛ رەب ئۇلار ئارىسىدىدۇر» — خۇدانىڭ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش ئۈچۈن زىيادە كۆپ تەدبىرلىرى ۋە كۈچلىرى باردۇر؛ بىراق ئۇلار ئۆزلىرىگە يېقىن ئالاقىدە ياشىمىسا ئۇنىڭ مۇشۇنداق ياردىمى كۆرۈنمەيدۇ.

9-ئايەتنى كۆرەيلى: —

«مەن ئۇنىڭدىن: «تەقسىر، بۇلار نېمە؟» — دەپ سورىدىم. مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە ماڭا: «مەن ساڭا بۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىمەن» — دېدى».

بىرنەچچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ پەرىشتىنى (ئىبرانىي تىلىدا «مالاك ھادوبھەر بى» - «مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە» ياكى سۆزمۇسۆز «ئىچىمدە سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە») «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ئەمەس، دەپ قارايمىز. ئۇ پەقەت كۆرۈنۈشلەرگە شەرھ بېرىدىغان ئادەتتىكى بىر پەرىشتىدۇر.

گەرچە زەكەرىيا ئۇنى «تەقسىر» دەپ چاقىرغان بولسىمۇ (ئىبرانىي تىلىدا «ئادونى»)، بۇ «رەببىم» دېگەن سۆز ئەمەس. «رەببىم» بولسا، ئىبرانىي تىلىدا

«ئادوناي» دېيىلدۇ. مەسىلەن، «ئادوناي» دېگەن بۇ سۆز «يار.» 3:18دە كۆرۈلىدۇ، شۇ يەردە «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نى كۆرسىتىدۇ. «ئادونى» دېگەن سۆزنى بولسا ھەرقانداق ئادەم ياكى يارىتىلغان مەخلۇققا قارىتا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. 8-ئايەتتىكى «پەرىشتە» پەيغەمبەرگە ئالامەت كۆرۈنۈشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ؛ 9-ئايەتتە بولسا، «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ. مۇشۇنىڭغا قاراپ بەزى ئالىملار بۇ ئىككى پەرىشتىنى بىر شەخس، دەپ قارايدۇ. لېكىن «مەن ساڭا .... كۆرسىتىمەن» دېگەن سۆزلەرنى سۆمۇسۆز تەرجىمە قىلساق، «سېنى كۆرگۈچى قىلىمەن»، ــ دېمەك «كۆرۈنۈشلەرنى ۋە ئۇلارغا خاس چۈشەندۈرۈشلەرنى چۈشىنىشىشكە ساڭا بىر قەلبنى بېرىمەن» دېگەنلىك بولىدۇ. 1:4دىمۇ بۇ پەرىشتىنىڭ شۇنداق خىزمىتى ئايان بولىدۇ.

چوڭ ئىسپات 1:2-4دە كۆرۈنىدۇ. شۇ يەردە دەل مەزكۇر پەرىشتىگە «يۈگۈر، بۇ ياش يىگىتكە سۆز قىل» دەپ بۇيرۇلىدۇ. شۇ يەردە «مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە» پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنداق بۇيرۇق بېرىش ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە قەتئىي مۇۋاپىق بولمايتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسپاتلار بار، ھازىرچە مۇشۇنچىلىك توختىلىمىز.

شۇڭا «مەن (زەكەرىيا) بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە»نى خۇدالىق تەبىئىتىدە بولغان «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرگە ياردەمچى بىر پەرىشتىدۇر، دەپ بىلىمىز.

«تەقسىر، بۇلار نېمە؟» دېگەن سوئالغا 10-ئايەتتە «خاداس دەرەخلىرى ئارىسىدا تۇرغان زات» ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ: «بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ يەر يۈزىنى ئۇيان-بۇيان كېزىشكە ئەۋەتكەنلىرى».

بۇ سۆزلەر بىزگە ئايۇپ پەيغەمبەرنى ئەيىبلەشكە خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەن شەيتاننىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ؛ شۇ يەردە ئۇ: «يەر يۈزىنى كېزىپ پايلاپ، ئۇياق-بۇياقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كەلدىم» دەيدۇ. شەيتاننىڭ بۇ توختاۋسىز ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىنى روسۇل پېترۇس بىزگە ئەستايىدىل ئاگاھلاندۇرۇپ كۆرسىتىدۇ: «ئۆزۈڭلارنى ھوشيار ۋە سەگەك تۇتۇڭلار. چۈنكى دۈشمىنىڭلار بولغان ئىبلىس خۇددى ھۆركىرەۋاتقان شىردەك، يۇتقۇدەك بىرسىنى ئىزدەپ قاتراپ يۈرمەكتە» (««1پېت.» 8:5).

ئەگەر بىر كۆنلا ئىبلىسنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن قىلتاقلىرى ۋە تەدبىرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا يالغۇز قويۇلساق، ئۇنداقتا بىز قانداق بولۇپ كېتەرمىز-ھە؟! لېكىن خۇداغا مىڭ شۈكرى، «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغانلارنى قوغداپ ئەتراپىغا چېدىرىنى تىكىدۇ، ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ» («زەبۇر» 34-كۈي). كۆرگىنىمىزدەك، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ يەر ئۈستىدە ساناقسىز قوشۇنلىرى ھەرخىل پەرىشتىلىرى باردۇر. گەرچە شەيتان ۋە ئۇنىڭ جىنلىرى ھەر تۈرلۈك يامان نىيەتلىرى بىلەن «يەر يۈزىنى كېزىپ پايلاپ، ئۇياق-بۇياقلارنى ئايلىنىپ يۈرگەن» بولسىمۇ، خۇدانىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىنى قوغداپ مۇشۇ يامان نىيەتلەرگە تاقابىل تۇرۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئەلچىلىرى باردۇر. «ئىبرانىيلارغا»دا ئېيتىلغاندەك: «پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت نىجاتلىقتا مىراسلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خىزمەتچى روھلار ئەمەسمۇ؟».

ھالبۇكى، زەكەرىيا كۆرگەن كۆرۈنۈشتە شۇ چاققان ئەلچىلەر ئاۋۋال پەقەت يەر يۈزىدىكى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى (بولۇپمۇ، ئىسرائىل ئۈچۈن) پايلاشقىلا ئەۋەتىلگەنىدى. چۈنكى خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان بارلىق مەقسەت-پىلانلىرى ئىسرائىلغا باغلانغاندۇر.

بۇ پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ: «بىز يەر يۈزىدە ئۇيان-بۇيان كېزىپ كەلدۇق؛ مانا، پۈتكۈل يەر يۈزى تىپتىنچ، ئاراملىقتا تۇرۇۋاتىدۇ» دەيدۇ (11-ئايەت). ئىبرانىي تىلدا «تىپتىنچ، ئاراملىقتا تۇرۇۋاتىدۇ» دائىم مەلۇم بىر جاي ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ تىنچ-ئاманلىق ھالىتى، ھېچقانداق ياۋلارنىڭ مالىمانچىلىقى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مىساللار «ھاك.» 11:3، 30، 31:5، 28:8، 7:18، 27دە كۆرۈنىدۇ؛ بۇ سۆز «يەشۇ.» 23:11دە («زېمىن جەڭدىن ئارام تاپتى») ۋە شۇنىڭدەك بىرنەچچە باشقا يەرلەردىمۇ تېپىلىدۇ، ھەممىسى چوڭقۇر تىنچ-ئامانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچىدىن، بۇ ئەھۋال «خۇدانىڭ قالدىلىرى»غا ئىبادەتخانىنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىدە رىغبەت بېرىش ئۈچۈن كۆرسىتىلىدۇ؛ يېقىن كەلگۈسىدە ھېچقانداق جەڭ-ئۇرۇش ئىبادەتخانىنىڭ ياكى زېمىندىكى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى توسيالمايدۇ.

ھالبۇكى، ئىككىنچىدىن، بۇ بايان «يات ئەللەر»نىڭ تىنچ-ئامانلىق ئەھۋالىنىڭ ئىسرائىلنىڭ ھالىتى بىلەن چوڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. قارىغاندا، باشقا ئەل-مىللەتلەر خېلى راھەت-باياشاتتا ياشايتتى؛ قىسقىسى، يەھۇدىي خەلقىدىن باشقا ھەممىسى تىنچ-ئامان ئىدى. گەرچە ئىسرائىللاردىن بىر توپ «قالدىلار» ئۆز زېمىنىغا قايتقان بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچە ئەللەرنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا تۇرۇپ سېپىلسىز، خارابىلاشقان شەھەرلەردە ئولتۇرۇپ، دۈشمەنلىرىنىڭ خورلۇق-ھاقارەتلىرىگە ئۇچۇق تۇراتتى. ھەتتا زەكەرىيادىن كېيىنكى دەۋردىكىلەر بۇنىڭدىن ئازابلىنىپ: — «مانا، بىز بۇگۈن قۇللارمىز! سەن مېۋىسى بىلەن نازۇ-نېمەتلىرىدىن يېيىشكە ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا تەقدىم قىلىپ بەرگەن زېمىندا تۇرساقمۇ، بىز مانا ئۇنىڭدا قۇل بولۇپ قالدۇق!» دەپ ئاھ-زار كۆتۈرگەن («نەھ.» 36:9).

ئەللەر خۇدانىڭ خەلقىنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، زېمىنىنى ئىگىلىگەندى، ۋە ھەتتا شۇ چاغقىچە ئۇنىڭدىن توختاۋسىز پايدىلىنىپ كەلگەندى. قارىماققا، ھېچكىم زىئون تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلمايتتى. ھالبۇكى: —

«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى جاۋابەن: «ئى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، قاچانغىچە سەن بۇ يەتمىش يىلدىن بېرى ئاچچىقلىنىپ كېلىۋاتقان يېرۇسالېم ۋە يەھۇدانىڭ شەھەرلىرى ئۈستىگە رەھىم قىلمايسەن؟» — دېدى» (12-ئايەت).

خەلققە نىسبەتەن، ئىلگىرى ئۆزلىرىنى نۇرغۇن قېتىم قۇتقۇزغان ۋە يېتەكلىگەن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئۆز ئارىسىدا بولۇشى ئۇلارغا تەسەللى بولغان يەردە، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىشى ئۇلارغا قانداقمۇ تەسەللى بولمىسۇن؟

دەرۋەقە، ئىسرائىل ئۈنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرىنىڭ ئوبيېكتى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى مەسىھدىن باشقا ھېچكىم ئەمەس. تۆۋەندىكىلەر يەشايا پەيغەمبەر تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن مەسىھنىڭ دۇئاسىدۇر: —

«تاكى ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى جۇلالىنىپ چاقناپ چىققۇچە،
ئۇنىڭ نىجاتى لاۋۇلداۋاتقان مەشئەلدەك چىققۇچە،
زىئون ئۈچۈن مەن ھېچ ئارام ئالمايمەن،

يېرۇسالېم ئۈچۈن ھەرگىز سۈكۈت قىلمايمەن» («يەش.» 1:62).

بىز باشقا يەرلەردە يۇقىرىقى «70 يىل» توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن (مەسىلەن، «يەرەمىيا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە)، مۇشۇ يەردە ئۇنى قايتىلىمايمىز. مۇشۇ يەردە ئادەمنى ھەيرانۇھەس قىلىدىغان ئىش پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ دۇئا-تىلاۋىتىدۇر. ئىسرائىل تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەنىدى. «يېرۇسالېم ۋە يەھۇدانىڭ شەھەرلىرى» تېخى خاراب ھالەتتە تۇراتتى. ئىسرائىلنىڭ بۇ بىچارە ئەھۋالى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىشتىكى سەۋەبىدۇر.

خۇدانىڭ ئۇنىڭ دۇئا-تىلاۋىتىگە قارىتا جاۋابى «زەكەرىيا بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە»نىڭ بۇ سۆزلەرنى زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ كۆڭلىگە چوڭقۇر سىڭدۇرۇشى ئۈچۈن بېرىلىدۇ (13-14-ئايەت): —

«پەرۋەردىگار مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىگە يېقىملىق سۆزلەر، تەسەللى بەرگۈچى سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە ماڭا مۇنداق دېدى: «سەن مۇنداق جاكارلىغىن: ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار: «يېرۇسالېم ۋە زىئونغا ئوتلۇق مۇھەببىتىمدىن يۈرىكىم لاۋۇلداپ كۆيىدۇ!» دەيدۇ».

بۇ «يېقىملىق سۆزلەر، تەسەللى بەرگۈچى سۆزلەر»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىز ئاخىرقى 14-17-ئايەتلەردە كۆرىمىز: —

(1) پەرۋەردىگار: «يېرۇسالېم ۋە زىئونغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىمدىن يۈرىكىم لاۋۇلداپ كۆيىدۇ» دەيدۇ، ئاندىن «شۇنىڭ بىلەن مەن ئەركىن-ئازادىلىكتە ياشاۋاتقان ئەللەرگە قاتتىق غەزەپلىنىمەن؛ چۈنكى مەن خەلقىمگە سەل غەزەپلىنىپ قويغىنىمدا، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ خەلقىمگە زور ئازار قىلدى» (ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلار شۇ يامانلىقا ياردەم بەردى») دەيدۇ (15-ئايەت).

خۇدا ئىسرائىلغا (بۇتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن) غەزەپلىنىپ ئۇلارنى «يات ئەللەر» ئارقىلىق جازالاپ ئازابلاشقا، بابىل ئىمپېرىيەسىگە 70 يىل سۈرگۈن قىلدۇرغان. بىراق «ئەركىن-ئازادىلىكتە ياشاۋاتقان ئەللەر»، يەنى بابىلدىكىلەر، كېيىن پارسلىقلار بۇ ئىشتا خۇدانىڭ غەزىپىنىڭ جازاسىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ، «ھەددىدىن

ئىبشىپ» تولىمۇ رەھىمسىزلىك قىلغان. بۇ ئىش گويا بىر ئاتا ئۆزىنىڭ ئىتائەتسىز ئەمما سۆيۈملۈك بالىسىنى تاياق بىلەن جازالىغاندا، يات بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ بالىنى تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇرغانغا ئوخشاش ئىش بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قايسى بىر ئاتا غەزەپلەنمەي تۇرالايدۇ دەيسىز؟ ئۇ چوقۇم قول سالغۇچى يات ئادەمگە قارشى چىقىدۇ. خۇدانىڭ ئىسرائىلغا (شۇنداقلا بارلىق ئېتىقادچىلارغا) زۇلۇم سالغۇچىلارغا بولغان پوزىتسىيەسى دائىم شۇنداق بولىدۇ.

بۇ ئەھۋالنى تېخىمۇ چۈشىنىش ئۈچۈن: «يەر.» 11:30، 10:31، «يەش.» 5:52، «يەر.» 10:5، 7:12، «يەش.» 6:47 قاتارلىق ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

ھازىرقى زامانلاردا يەھۇدىيلار مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تېخىمۇ ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئىشلارغا ئۇچراپ، قىينىلىپ كەلدى. ئۇلارغا ئاتالمىش ئۆزىنى «خرىستىئانلار» دەپ ئاتىۋالغۇچىلار (ھەقىقىي مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ئەمەس) كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى سالغان. ئەمما كۆپ ئەللەرنىڭ تارىخى شۇنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇكى، خۇدانىڭ ئىبراھىمغا: «كىملەر (مەلۇم شەخش ياكى مەلۇم بىر ئەل بولسۇن) سېنى بەرىكەتلىسە مەن ئۇلارنى بەرىكەتلەيمەن، كىمكى (مەلۇم شەخش ياكى مەلۇم ئەل بولسۇن) سېنى خورلىسا، مەن چوقۇم ئۇنى لەنەتكە قالدۇرىمەن» دېگەن ۋەدىسى تېخىچە ئىناۋەتلىكتۇر.

(2) ئىككىنچى تەسەللى خۇدانىڭ شاپائەتلىك مەقسىتىدۇر: «مەن يېرۇسالېمغا رەھىم-شەپقەتلەر بىلەن قايتىپ كەلدىم» دەيدۇ (16-ئايەت).

تۆۋەندە بۇ «رەھىم-شەپقەتلەر»دىن ئىككى-ئۈچ ئالامەت-بەلگىنى كۆرسىتىمىز: —

(ئا) «مېنىڭ ئۆيۈم ئۇنىڭ ئىچىدە (يېرۇسالېم ئىچىدە) قۇرۇلىدۇ» — ئىبادەتخانا خۇدا ئۆزىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ ئارىسىدىكى يېقىن ئالاقىسىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

(ئە) «ۋە يېرۇسالېم ئۈستىگە «ئۆلچەم تانىسى» يەنە تارتىلىدۇ» — دېمەك، يېرۇسالېم قايتىدىن تولۇق قۇرۇلىدۇ (16-ئايەت).

(ب) پەيغەمبەرگە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يەنە مۇنداق جاكارلىغىن: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ شەھەرلىرىم يەنە ئاۋاتلىشىدۇ» — پەرۋەردىگار يەنىلا ئىسرائىلنىڭ شەھەرلىرىنى «مېنىڭ شەھەرلىرىم» دەيدۇ (17-ئايەت).

(پ) «ۋە پەرۋەردىگار يەنە زىئونغا تەسەللى بېرىدۇ ۋە يېرۇسالېمنى يەنە تاللىۋالىدۇ» ــ زەكەرىيا پەيغەمبەر «يەش.» 1:14دىن ئېلىنغان مۇنۇ سۆزلەرنى ئۈچ قېتىم قايتىلايدۇ: ــ

«چۈنكى پەرۋەردىگار ياقۇپقا رەھىمدىللىق كۆرسىتىدۇ،
يەنە ئىسرائىلنى تاللايدۇ،
ئۇ ئۇلارنى ئۆز يۇرت-زېمىنىدا ماكانلاشتۇرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن يات ئادەملەر ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ،
ياقۇپ جەمەتىگە قوشۇلىدۇ».

زەكەرىيا دەۋرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدە يۇقىرىقى ۋەدىلەر قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بىرنەچچە ئىشلار بارلىققا كەلدى. «خۇدانىڭ ئۆيى» تۆت يىلدىن كېيىن پۈتتى («ئەزرا» 15:6). يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن نەھەمىيا يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى. كېيىن مەسىھنىڭ ئىسرائىلدا تۇغۇلۇشى بېشارەتلەرنىڭ چوڭ بىر ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بولدى؛ ئاخىرقى زاماندا يەھۇدىي خەلقىگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ توۋا قىلىپ ئەيسا ئۆزىمىزنىڭ مەسىھىمىز دەپ تونۇپ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن تېخىمۇ چوڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ: ــ

روسۇل ياقۇپ رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرۇلۇق سۆزلىگىنىدە: ــ «مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن، مەن قايتىپ كېلىپ، داۋۇتنىڭ يىقىلغان چېدىرىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ تىكلەيمەن، ئۇنىڭ خارابىلىكلىرىنى قايتا بىنا قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرىمەن. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانىيەتتىكى باشقا ئىنسانلارمۇ، يەنى مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتالغان بارلىق ئەللەر مېنى ئىزدەپ تاپىدۇ، دەيدۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋە شۇنداقلا ئۇلارنى ئەزەلدىن ئايان قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار!» («روس.» 15:16-18، «ئاموس» 11:9-12).

«چۈنكى پەرۋەردىگار زىئونغا تەسەللى بەرمەي قويمايدۇ؛
ئۇنىڭ بارلىق خارابە يەرلىرىگە چوقۇم تەسەللى بېرىدۇ؛
ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ چاڭگاللىرىنى ئېرەم باغچىسىدەك،
ئۇنىڭ چۆل-باياۋانلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ بېغىدەك قىلىدۇ؛

ئۆنكۈدىن خۇشاللىق ھەم شاد-خۇراملىق،
رەھمەتلەر ھەم ناخشا ئاۋازلىرى تېپىلىدۇ» («يەش.» 3:51)

## ئىككىنچى غايىبانە كۆرۈنۈش - مۈڭگۈزلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر (21-18:1)

«ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈردۈم، مانا تۆت مۈڭگۈزنى كۆردۈم. مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن: «بۇلار نېمە؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ يەھۇدا، ئىسرائىل ۋە يېرۇسالېمنى تارقىتىۋەتكەن مۈڭگۈزلەردۇر» ــ دېدى.
ۋە پەرۋەردىگار ماڭا تۆت ھۈنەرۋەننى كۆرسەتتى. مەن: «بۇ ھۈنەرۋەنلەر نېمە ئىش قىلغىلى كەلدى؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «مانا بۇلار بولسا يەھۇدادىكىلەرنى ھېچكىم قەددىنى رۇسلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە تارقىتىۋەتكەن مۈڭگۈزلەر؛ بىراق بۇ ھۈنەرۋەنلەر مۈڭگۈزلەرنى دەككە-دۈككىگە چۈشۈرگىلى، يەنى ئەللەرنىڭ يەھۇدانىڭ زېمىنىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن كۆتۈرگەن مۈڭگۈزلىرىنى تاشلىۋەتكىلى كەلدى!» ــ دېدى».

«مۈڭگۈزلەر» مۇقەددەس يازمىلاردا كۆپ ۋاقىتلاردا شان-شەرەپ، غۇرۇر-ئىززەت ياكى مەلۇم شەخسنىڭ ياكى دۆلەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ (مەسىلەن، «1سام.» 1:2، «2سام.» 3:22، «زەب.» 4:75، 5، 10:92نى كۆرۈڭ). بەزىدە مۈڭگۈزلەر دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيەلەرنى كۆرسىتىدۇ («دان.» 8-باب، «ۋەھ.» 3:17، 12).
«تۆت» دېگەن سان مۇقەددەس كىتابتا «تۆت شامال» ياكى «دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭى»نى كۆرسەتكەچكە، شەرھچىلەرنىڭ بەزىلىرى «تۆت مۈڭگۈز» پەقەت ئىسرائىلنىڭ «تۆت ئەتراپىدىن» زۇلۇمغا ئۇچراپ، تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، يۇقىرىدا بايقىغىنىمىزدەك، زەكەرىياغا تاپشۇرۇلغان بېشارەتلەر تولۇپ جەھەتتىن «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاش

ۋە خۇلاسىلەش سۆيتىدە بېرىلگەن، دەپ قارايمىز. شۇ سەۋەبتىن بىزدە شەك يوقكى، زەكەرىيا پەيغەمبەر كۆرگەن شۇ «تۆت مۈڭگۈز» دانىيال پەيغەمبەرگە ئاللىقاچان تاپشۇرۇلغان ۋەھىينىڭ 2-بابتىكى «چوڭ ھەيكەل»نىڭ «تۆت مېتال»ى ۋە 7-بابتىكى «تۆت مەخلۇق» كۆرسەتكەن تۆت ئىمپېرىيەنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ تۆت ئىمپېرىيە ئۆز نۆۋىتى بويىچە ئىسرائىلنى زالىملىق بىلەن «تارقاتقۇچىلار» ئىدى.

دانىيال پەيغەمبەرنىڭ بۇ بېشارەتلىرى توغرۇلۇق «دانىيال»دىكى قوشۇمچە سۆزىمىزدە ئاللىقاچان توختالدۇق. ئاشۇ يەردە ئېيتقىنىمىزنى خۇلاسىلەپ، بىز شۇ تۆت مۈڭگۈزنى تۆۋەندىكى تۆت ئىمپېرىيەگە سىمۋول قىلىنىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز: —

(ئا) بىرىنچى مۈڭگۈز — بابىل ئىمپېرىيەسى

(ئە) ئىككىنچى مۈڭگۈز — پارس ئىمپېرىيەسى (زەكەرىيانىڭ كۈنلىرىدە تېخى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانىدى)

(ب) ئۈچىنچى مۈڭگۈز — گرېك ئىمپېرىيەسى (زەكەرىيانىڭ كۈنلىرىدە تېخى بارلىققا كەلمىگەن)

(پ) تۆتىنچى مۈڭگۈز — رىم ئىمپېرىيەسى ۋە ئاخىرقى زامانلاردا شۇنىڭ خارابىلىرىدىن كۆكلەپ چىقىدىغان دەججالنىڭ ئىمپېرىيەسى

ئىسرائىل ئەمدى مۇشۇ كۆرۈنۈشتىن قانداق تەسەللى تاپاركىن؟ بېرىلگەن تەسەللى دەل شۇ ئىدىكى، گەرچە مۇشۇ ئىمپېرىيەلەر ۋاقتىنچە خوجىلىق قىلسىمۇ، خۇدا بەربىر ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا تۆت «ھۈنەرۋەن»نى ئاللىقاچان تەييارلىغاندۇر. ئىبرانىي تىلىدا «دەككە-دۈككىگە چۈشۈرۈش» دېگەن سۆز يەنە «شىلىپ يوقىتىش» ياكى «يونۇپ يوقىتىش» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنداقتا، تۆت مۈڭگۈزنى يوقىتىدىغان تۆت ھۈنەرۋەن كىملەر؟

دانىيال پەيغەمبەرنىڭ بېشارەتلىرىگە ئاساسەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سالاھىيىتى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى كېرەك، دەپ ئىشىنىمىز: —

(ئا) بىرىنچى ھۈنەرۋەن — پارس ئىمپېرىيەسى (بابىل ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرغان).

(ئە) ئىككىنچى ھۈنەرۋەن — گرېك ئىمپېرىيەسى (پارس ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرغان. زەكەرىيانىڭ دەۋرىدە بۇ ئىش تېخى يۈز بەرمىگەنىدى).

(ب) ئۈچىنچى ھۈنەرۋەن — رىم ئىمپېرىيەسى (گرېك ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرغان).

(پ) تۆتىنچى ھۈنەرۋەن — بۇ توغرۇلۇق ئىككى خىل پىكىر بار: —

(1) تۆتىنچى ھۆنەرۋەن رىم ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرغان «گوتلار» ۋە «ۋىزىگوتلار»غا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛

(2) تۆتىنچى ھۆنەرۋەن مەسىھنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ چۈنكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ خارابىلىرىدىن چىقىدىغان دەججالنىڭ ئىمپېرىيەسىنى ئاخىرىدا ئاغدۇرغۇچى مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر. بىز ئىككىنچى پىكىرگە مايىلمىز: ــ

«كېچىدىكى غايىبانە كۆرۈنۈشلەردە مەن گويا ئىنسان ئوغلىغا ئوخشاش بىر زاتنىڭ ئەرشتىكى بۇلۇتلار بىلەن كەلگىنىنى كۆردۈم. ئۇ «ئەزەلدىن بار بولغۇچى»نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىندى (بۇ ئىشنى مەسىھنىڭ دۇنيانى سوراقتا تارتىشقا قايتىپ چۈشۈشى ئالدىدا يۈز بېرىدۇ، دەپ قارايمىز). ھەر ئەل-يۇرت، ھەر تائىپە، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلار ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن دەپ، سەلتەنەت، شۆھرەت ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقى ئۇنىڭغا بېرىلدى. ئۇنىڭ سەلتەنىتى مەڭگۈ سولاشماس سەلتەنەتتۇر، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مەڭگۈ ھالاك قىلىنماس» ۋە «تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ئەرشتىكى خۇدا يىمىرىلمەس بىر پادىشاھلىق بەرپا قىلىدۇ. بۇ پادىشاھلىق ھەرگىز باشقا بىر خەلقلەرگە ئۆتمەيدۇ؛ ئەكسىچە ئۇ بۇ باشقا پادىشاھلىقلارنى ئۆزۈل-كېسىل گۇمران قىلىپ، ئۆزى مەڭگۈ مەزمۇت تۇرىدۇ» («دان.» 13:7، 14، 2:44-45نىمۇ كۆرۈڭ).

## ئۈچىنچى غايىبانە كۆرۈنۈش ــ ئۆلچەش تانىسىنى تۇتقان يىگىت (1:2-13)

«ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، مانا قولىدا ئۆلچەم تانىسىنى تۇتقان بىر ئادەمنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭدىن: «نەگە بارىسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «مەن يېرۇسالېمنى ئۆلچىگىلى، ئۇنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەپ كۆرگىلى بارىمەن» ــ دېدى.مانا، مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە چىقتى؛ يەنە بىر پەرىشتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە چىقتى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ــ يۈگۈر، بۇ

ياش يىگىتكە سۆز قىل، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: ــ «يېرۇسالېم ئۆزىدە تۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋە ماللارنىڭ كۆپلۈكىدىن سېپىلسىز شەھەرلەردەك بولىدۇ. ــ ۋە مەن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوت-يالقۇن سېپىلى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شان-شەرىپى بولىمەن.

ــ ھوي! ھوي! شىمالىي زېمىندىن قېچىڭلار، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ چۈنكى مەن سىلەرنى ئاسماندىكى تۆت تەرەپتىن چىققان شامالدەك تارقىتىۋەتكەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار».

ــ «ــ ھەي! ئى بابىل قىزى بىلەن تۇرغۇچى زىئون، قاچقىن! چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ

ئۆز شان-شەرىپىنى دەپ ئۇ مېنى سىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ئەللەرگە ئەۋەتتى؛ چۈنكى كىم سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئۆزىنىڭ كۆز قارىچۇقىغا چېقىلغان بولىدۇ. چۈنكى مانا، مەن ئۆز قولۇمنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سىلكىيمەن، ئۇلار ئۆزلىرىگە قۇل قىلىنغۇچىلارغا ئولجا بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر.

ناخشىلارنى ياڭرىتىپ شادلان، ئى زىئون قىزى؛ چۈنكى مانا، كېلىۋاتىمەن، ئاراڭدا ماكانلىشىمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ ۋە شۇ كۈنىدە كۆپ ئەللەر پەرۋەردىگارغا باغلىنىدۇ، ماڭا بىر خەلق بولىدۇ؛ ئاراڭدا ماكانلىشىمەن ۋە سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر؛ شۇنىڭدەك پەرۋەردىگار يەھۇدانى ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس زېمىنى»دا نېسىۋىسى بولۇشقا مىراس قىلىدۇ ۋە يەنە يېرۇسالېمنى تاللىۋالىدۇ.

بارلىق ئەت ئىگىلىرى پەرۋەردىگار ئالدىدا سۈكۈت قىلسۇن! چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ماكانىدىن قوزغالدى!»

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۆرۈنۈشلەر بىرىنچى كۆرۈنۈش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ. ئۈچىنچى كۆرۈنۈشتە كۆرسىتىلگەن ئەڭ مۇھىم ئىش بولسا، يېرۇسالېم (يەنى

«خۇدانىڭ شەھىرى»، «زىئون»)نىڭ كەلگۈسىدىكى ئاۋات-باياشاتلىقى ۋە شان-شەرىپىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۇ كۆرۈنۈشتىكى نۇرغۇن جەھەتلەر ئوقۇرمەنگە ئوقۇغان ھامان ئېنىق بولۇشى كېرەك. تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئوقۇغانسىرى كۆرۈنۈشنىڭ تەپسىلاتلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىز مۇشۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمىز، پەقەت بىرنەچچە بايقىغانلىرىمىزنى بايان قىلىمىز: —

(ئا) «ئۆلچەم تانىسىنى تۇتقان بىر ئادەم»گە: «يۈگۈر، بۇ ياش يىگىتكە سۆز قىل، ئۇنىڭغا: «يېرۇسالېم ئۆزىدە تۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋە ماللارنىڭ كۆپلۈكىدىن سېپىلسىز شەھەرلەردەك بولىدۇ» دەپ ئېيتىلغان سۆزلەر بىرنىڭچە ئۇنىڭغا «ئۆلچەش ئىشىنىڭ كەلگۈسىدە ھاجىتى يوق، چۈنكى يېرۇسالېمنىڭ كەلگۈسى «سېپىلسىز»، چەكسىز چوڭ بىر شەھەر بولىدۇ» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. گەرچە يېقىن كەلگۈسىدە خۇدانىڭ شاپائىتى بىلەن يېرۇسالېمنىڭ بىر سېپىلى بولىدىغان بولسىمۇ («نەھەمىيا» دېگەن كىتابنى كۆرۈڭ)، شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى (ئۇنى تېخى كۈتمەكتىمىز)، ئاھالىسى شۇنچە كۆپىيىدۇكى، شەھەر ھەرقانداق سېپىلدىن ھالقىپ كېڭىيىدۇ. دەرۋەقە 5-ئايەتتە: «ۋە مەن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوت-يالقۇن سېپىلى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شان-شەرىپى بولىمەن» دېيىلىدۇ. خۇدا پۈتۈنلەي باشپاناھ بولسىلا ھەرقانداق سېپىلنىڭ ھېچ ھاجىتى قالمايدۇ. يېرۇسالېم ئەگەر ئەيسانى ئۆز مەسىھىمىز دەپ قوبۇل قىلغان بولسا بۇ ئايەتتە تەسۋىرلەنگەن ھالەت يېرۇسالېمنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى بولغان بولاتتى؛ كەلگۈسىدە يېرۇسالېمدىكىلەر ئاخىرىدا ئۇنى قوبۇل قىلسا ھالىتى جەزمەن مۇشۇ ئايەتتە دېيىلگەندەك بولىدۇ («يەش.» 4:5-6، 1:26، 19:60 ۋە «ۋەھ.» 23:21نىمۇ كۆرۈڭ).

بۈگۈنكى كۈنلۈكتىمۇ ھەربىر ئېتىقادچى يامان روھلار ئۇنىڭ روھىغا ھۇجۇم قىلغان چاغلاردا، خۇدانىڭ ئۆزىگە باشپاناھ بولۇۋاتقىنىنى («زەب.» 2:27-3، 7:34)، شۇنداقلا خۇدانىڭ شەرەپلىك يورۇقلۇقىنىڭ ئۇنىڭ روھ-قەلبىدە نۇر چېچىۋاتقىنىنى بىلىدۇ («يۇھ.» 12:8، «2كور.» 6:4).

(ئە) ئۇنىڭ زىئونغا باشپاناھ بولۇشقا بولغان ۋەدىسىگە ئاساسەن، خۇدا سۈرگۈن بولغان جاي بابىلدىن تېخى قايتمىغانلارنى زىئونغا قېچىپ كېلىشكە چاقىرىدۇ

(«شىمالىي زېمىن» پەلەستىنگە نىسبەتەن بابىل ھېسابلىنىدۇ). شۇ چاغدىكى بابىل ئاللىقاچان پارس ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان يەنە بىرنەچچە بالايىئاپەتلەر بار ئىدى. ئوتتۇرا شەرقنىڭ قەدىمكى تارىخى بۇنىڭغا ئىسپات بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ بۇ چاقىرىقىدا يەنە كەلگۈسىدىكى بىر زامان، يەنى ئىبرانىي پالاندىلىرى پۈتكۈل دۇنياغا تارقىتىلغاندىن كېيىن، خۇدا ئۇلارنى سۈرگۈن بولغان يەرلەردىن قايتىشقا چاقىرىدىغان بىر كۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ («يەش.» 20:48، 11:52، «يەر.» 6:2، 45نى كۆرۈڭ).

زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ كۈنلىرىدە سۈرگۈن بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بابىلدا ئازراق راھەتلىك تۇرمۇشنى كۆرۈپلا، پەلەستىنگە قايتسام شۈبھىسىزكى جاپا تارتىمەن دەپ قايتىشنى خالىمىغانىدى. ھالبۇكى، كەلگۈسى بىر كۈندە خۇدا ئۆزى قوي باققۇچىدەك ئۇلارنى دۇنيادىكى ھەربىر جايدىن دېڭىزدەك ئۆز زېمىنىغا يېتەكلەپ باشلايدۇ («يەر.» 14:16-15، 7:23-8). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئۇلارنى تارقىتىۋەتكەن ئەل-دۆلەتلەرنى جازالايدۇ («ئۆز شان-شەرىپىنى دەپ ئۇ مېنى سىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ئەللەرگە ئەۋەتتى» 8-ئايەت).

«شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرۈش» دېگەن ئىبارە شۈبھىسىزكى، مەسىھنىڭ خۇدانىڭ گۇناھ ئۈستىگە چىقارغان ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزۈشى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا توۋا قىلىپ ئۇنىڭ نىجاتىنى قوبۇل قىلغانلارغا مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسىتىشى ئارقىلىق خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. «يەش.» 1:14-3نى كۆرۈڭ.

شۇ چاغدا خۇدا «ئۆز قولۇمنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سىلكىيمەن» دەيدۇ — دېمەك، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھالاكەت كەلتۈرىدۇ (مۇشۇ ئىبارە كۆرۈنگەن «يەش.» 15:11 ۋە 16:19نى كۆرۈڭ).

(ب) قىزىق يېرى شۇكى، 8-ئايەتتە سۆز قىلغۇچى «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان ياھۋەھ (پەرۋەردىگار)نىڭ ئۆزى؛ لېكىن ئۇ «پەرۋەردىگار تەرىپىدىن» ئەۋەتىلگەن. سۆزلىگۈچى يەنە 9-ئايەتتە: «سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر» دەيدۇ. بۇ تولىمۇ سىرلىق گەپتۇر! ئەمما ئىنجىلنى ئوقۇغانلار شۇنى بىلىدۇكى، مۇشۇ يەردە سۆزلىگۈچى (مۇشۇ سۆزلەرنى باشقا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش يولى يوقتۇر) ئۆز ئاتىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن رەب ئەيسا مەسىھدىن باشقا بىرسى ئەمەس.

مەسلەن «لۇقا» 14:4، 43، 9،48، «يۇھ.» 34:3، 38:6، 28:7-29، 21:17، 21:20نى، شۇنداقلا «يەش.»، 16:48نى كۆرۈڭ.

(پ) 10-14-ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى جەزمەن رەب ئەيسا مەسىھنىڭ پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى توۋا قىلغاندىن كېيىن دۇنياغا قايتا كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك: «چۈنكى مانا، كېلىۋاتىمەن، ئاراڭدا ماكانلىشىمەن». مۇشۇ يەردىمۇ سۆزلىگۈچىنىڭ «ياھۋەھ» (پەرۋەردىگار) ئىكەنلىكىنى، «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى بايقايمىز (11-ئايەتنى كۆرۈڭ).

مۇشۇ ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە مۇقەددەس يازمىلاردىن يىغىنچاقلانغان كۆپ ئايەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە تېپىلىدۇ: «يەش.» 6:12، «زەف.» 14:3-15، «زەب.» 15:102-22، «يەش.» 1:56-6، «يەر.» 5:50، ۋە يەنە «زەك.» 14-باب، «روس.» 13:15-18، «يەش.» 25:19.

(ت) «مۇقەددەس زېمىن» دېگەن ئىبارە دىققىتىمىزنى خۇدانىڭ قانائان (پەلەستىن) زېمىنىنى «مېنىڭكى» دېگەنلىكىگە تارتىدۇ؛ چۈنكى «مۇقەددەس» دېگەن سۆزنىڭ تۈپ مەنىسى: «خۇداغىلا تەۋە» دېگەنلىك بولىدۇ.

(ج) 13-ئايەتتە «قوزغالدى» ياكى «تۇردى»، «قوپتى» دېگەن سۆز «زەب.» 23:44دە تېپىلىدۇ: «ئويغان، ئى پەرۋەردىگار! نېمىشقا ئۇخلاپ ياتىسەن؟ ئورنۇڭدىن تۇر، بىزنى مەڭگۈگە تاشلاۋەتمىگەيسەن!». يەنە «ھاب.» 20:2، «زەف.» 7:1نىمۇ كۆرۈڭ.

## تۆتىنچى غايىبانە كۆرۈنۈش ـ باش كاھىن يەشۇئانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئالدىدا تۇرۇشى (3-باب)

«ئاندىن ئۇ ماڭا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان باش كاھىن يەشۇئانى، شۇنىڭدەك يەشۇئانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشكە تۇرغان شەيتاننى كۆرسەتتى.

پەرۋەردىگار شەيتانغا: «پەرۋەردىگار سېنى ئەيىبلىسۇن، ئى شەيتان! بەرھەق، يېرۇسالېمنى تاللىۋالغان پەرۋەردىگار سېنى ئەيىبلىسۇن! بۇ

كىشى ئۆتتىن تارتىۋېلىنغان بىر چۆچۈلا ئۇتۇن ئەمەسمۇ؟» ــ دېدى.

يەشۇئا بولسا پاسكىنا كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا پەرىشتىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلارغا: «بۇ پاسكىنا كىيىمنى ئۇنىڭدىن سالدۇرۇۋېتىڭلار» ــ دېدى ۋە ئۇنىڭغا: «قارا، مەن قەبىھلىكىڭنى سەندىن ئېلىپ كەتتىم، ساڭا ھېيتلىق كىيىم كىيگۈزدۇم» ــ دېدى. مەن: «ئۇلار بېشىغا پاكىز بىر سەللىنى ئورىسۇن!» ــ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاكىز بىر سەللىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئوراپ، ئۇنىڭغا كىيىم كىيدۈردى؛ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بىر ياندا تۇراتتى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يەشۇئاغا مۇنداق جېكىلىدى: ــ

«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ ئەگەر يوللىرىمدا ماڭساڭ، تاپىلىغىنىمنى چىڭ تۇتساڭ، مېنىڭ ئۆيۈمنى باشقۇرسەن، ھويلىلىرىمغا قارايدىغان بولىسەن؛ ساڭا يېنىمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىمەن.

ئى باش كاھىن يەشۇئا، سەن ۋە سېنىڭ ئالدىڭدا ئولتۇرغان ھەمراھلىرىڭ ئاڭلاڭلار (چۈنكى ئۇلار بېشارەتلىك ئادەملەر): ــ مانا، مەن «شاخ» دېگەن قۇلۇمنى مەيدانغا چىقىرىمەن. مانا، مەن يەشۇئانىڭ ئالدىغا قويغان تاشقا قارا! ــ بۇ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە يەتتە كۆز بار؛ مانا، مەن ئۇنىڭ نەقىشلىرىنى ئۆزۈم ئويىمەن، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ــ ۋە مەن بۇ زېمىننىڭ قەبىھلىكىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلايمەن.

شۇ كۈنى، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ھەربىرىڭلار ئۆز يېقىنىڭلارنى ئۆزۈم تېلى ۋە ئەنجۈر دەرىخى ئاستىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىسىلەر».

ئاۋۋالقى ئۈچ كۆرۈنۈش توغرۇلۇق چوڭقۇر بىر سوئال پەيغەمبەرنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولۇشى مۇمكىن: «خۇدا قانداقمۇ ئىسرائىلنى ئەسلىگە كەلتۈرسۇن؟ ئىسرائىلنىڭ ئېغىر گۇناھلىرى ۋە ئەخلاقتا بولغان بۇزۇقچىلىقى ئۈچۈن ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى سېلىنىدىغان جاي بولۇشقا، شۇنداقلا بارلىق ئەللەرگە خۇدانىڭ بەخت-بەرىكىتىنى يەتكۈزگۈچى خىزمەتكار بولۇشقا مەڭگۈ نالايىق قىلىۋەتكەن ئەمەسمۇ؟».

تۆتىنچى كۆرۈنۈش يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب تەرىقىسىدە ھەمدە پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى خەۋەرنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇنى خەلققە يەتكۈزۈشى ئۈچۈن بېرىلگەن، دەپ ئىشىنىمىز: —

(1) ئىسرائىلنىڭ بەخت-بەرىكىتى (شۇنداقلا، بارلىق ئىشەنگۈچىلەرنىڭ بەخت-بەرىكىتى) ئىسرائىلنىڭ ئۆزىنىڭغا لايىق بولغىنىدىن ياكى قانداقتۇر بىرنەچچە ئاتالمىش «ساۋاپلىق ئىشلىرى»دىن بولغان ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ مۇتلەق مېھرى-شەپقىتىدىن، «يېرۇسالېمنى تاللىغان» قادىر-مۇتلەقنىڭ ئۆزگەرمەس مۇددىئا-مەقسەتلىرى ئاساسىدا بولغاندۇر؛

(2) ناپاك، گۇناھكار ۋە ئەخلاقتا بۇلغانغان بىر خەلق قانداق پاكلىنىپ «خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرى»غا ئۆزگەرتىلىدۇ؟ خۇدانىڭ ئىسرائىلغا: «سىلەر ماڭا كاھىنلاردىن تەركىب تاپقان خاس بىر پادىشاھلىق ۋە مۇقەددەس بىر قوۋم بولىسىلەر» دېگەن چاقىرىقى ۋە ئۇلارنى تاللىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. ئىسرائىلنى «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى»گە مەسئۇل بولۇشقىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق باشقا ئەللەرگە «پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرى» ۋە «خۇدايىمىزنىڭ خىزمەتكارلىرى» بولۇشقىمۇ قانداق لايىق قىلىنىش يولى بىزگە بۇ كۆرۈنۈشتە ئايان قىلىنىدۇ (خۇدانىڭ شۇ چاقىرىقى «مىس.» 6:19دە، «يەش.» 6:61دىمۇ خاتىرىلىنىدۇ).

ئوخشاش سوئال «يەر.» 19:3دە قويۇلىدۇ.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۆرۈنۈشتە ئىسرائىلنىڭ سۈرگۈنلۈكتىن ۋە ئۆزلىرنى زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن ئازاد قىلىنىپ روناق تاپىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ؛ تۆتىنچى كۆرۈنۈشتە شۇ جىسمانىي جەھەتتىكى ئازادلىققا ماس ھالدا، ئىسرائىلنىڭ روھىي جەھەتتىن گۇناھقا ئەسىر بولغانلىقىدىن ئازاد قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. «ئىچكى، روھىي ھۆر قىلىنىش» بولمىسا

«سىرتقى، جىسمانىي ھۆر قىلىنىش»نىڭ نېمە پايدىسى؟
ئەمدى كۆرۈنۈشنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرىنى كۆرەيلى: —
«ئاندىن ئۇ ماڭا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان باش كاھىن يەشۇئانى، شۇنىڭدەك يەشۇئانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشكە تۇرغان شەيتاننى كۆرسەتتى» (1-ئايەت).
مۇشۇ «يەشۇئا» بولسا ئەسلىدە ئون ئالتە يىل ئىلگىرى بابىلنىڭ سۈرگۈنلۈكىدىن تۇنجى قايتقان 49697 كىشىگە زەرۇببابەل بىلەن بىرگە يېتەكچى بولغان «باش كاھىن» ئىدى، ئەلۋەتتە. «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق يۇقىرىدا ئازراق توختالدۇق.
«ئالدىدا تۇرۇۋاتقان» دېگەن سۆز خۇدانىڭ ياكى ئىنساننىڭ «خىزمىتىدە بولۇش»نى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «يار.» 46:41دە (يۈسۈپ پىرەۋننىڭ ئالدىدا)، «قان.» 38:1دە (يەشۇئا مۇسانىڭ ئالدىدا)، «1سام.» 21:16دە (داۋۇت سائۇلنىڭ ئالدىدا)، «1پاد.» 2:1-4دە (ئابىشاگ داۋۇتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ). بۇنداق مىساللار باشقا كۆپ جايلاردا ئۇچرايدۇ. خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇش (ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش) تىكى بىرنەچچە مىسالنى «قان.» 8:10دىن، «ھاك.» 28:20دىن، «1پاد.» 1:17دىن، «2پاد.» 14:3-16دىن كۆرۈڭ. بۇ سۆزلەر يەنە خۇدانىڭ ئالدىدا دۇئا قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولۇشنىمۇ بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، «يار.» 22:18، «يەر.» 10:7).
ئەمما تۆتىنچى كۆرۈنۈشتە يەشۇئانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى پەقەت ئۇزىگە ۋاكالىتەن ئەمەس، بەلكى باش كاھىنلىق سالاھىيىتىدە پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىگە ۋاكالىتەن بولىدۇ.
يەشۇئانىڭ بۇ ۋەكىللىك رولى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈنىدۇ: —
(1) يەشۇئانىڭ «باش كاھىن» دېگەن ئۇنۋانىنىڭ تەكىتلەنگىنىدىن كۆرۈنىدۇ؛
(2) پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئۆتۈنۈشى ۋە شەيتاننىڭ يەشۇئانىڭ ئۈستىدىن چىقارغان شىكايەتلىرىگە قايتۇرغان جاۋابى يەشۇئا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يېرۇسالېم ئۈچۈن قىلىنىدۇ. بۇ يەردە يېرۇسالېم باشقا كۆپ يەرلەردىكىدەك شەھەرنى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل خەلقنى بىلدۈرىدۇ.
(3) 4-ئايەت بىلەن 9-ئايەتنى سېلىشتۇرغاندا، روشەنكى، يەشۇئاغا «قارا، مەن قەبىھلىكىڭنى سەندىن ئېلىپ كەتتىم» دەپ ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ

كۆرسەتكىنى خۇدانىڭ (9-ئايەتتە) «مەن بۇ زېمىننىڭ قەبىھلىكىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلايمەن» دېگەن سۆزلىرىدە كۆرستىلگەن ئىش بىلەن ئوخشاش ئىشتۇر.

يەشۇئا خەلققە ۋەكىل ھەم ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلغۇچى باش كاھىن سۈپىتىدە خۇدانىڭ ئالدىدا مۇنداق تۇرۇشى ئەمەلىيەتتە ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ خۇدا ئالدىدا سوراققا تارتىلىدىغانلىقىغا ئوخشاش ئىشتۇر.

مەزكۇر ئايەت ئىبرانىي تىلىدا: «يەشۇئانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇنىڭغا شەيتان بولۇشقا تۇرغان شەيتاننى كۆرسەتتى» دېگەن تەرتىپتە كېلىدۇ - چۈنكى «شەيتان» دېگەننىڭ ئەسلى مەنىسى: «دۈشمەن، كۈشەندە».

شەيتاننىڭ شىكايەت سۆزلىرى بىزگە ئېيتىلمىغان، بىراق ئۇلارنىڭ تېمىسى 3-ئايەتتىن ئېنىق كۆرۈنىدۇ: «يەشۇئا بولسا پاسكىنا كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا پەرىشتىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى».

مۇشۇ يەردە «پاسكىنا» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «ئەڭ يىرگىنچلىك، ئەڭ نىجىس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، يەشۇئانىڭ بۇ كىيىملىرى خەلقنىڭ خۇدا ئالدىدىكى گۇناھلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ شەيتان شىكايەت قىلغۇدەك دەرىجىدە گۇناھى بار ئىدى!

ئەمما شەيتان شىكايەت قىلغىنى بىلەن ئۇنىڭ گۇناھ بېكىتىش ھوقۇقى يوقتۇر. ئەمەلىيەتتە ئادەم ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، يەشۇئانىڭ، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى بېكىتىشكە بىردىنبىر ھوقۇقى بار بولغۇچى، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۆزى يەشۇئانى پاكىزلاشقا تەشەببۇسچى بولىدۇ (بىز 2-ئايەتتە «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نىڭ يەنە بىر قېتىم «پەرۋەردىگار» دەپ ئاتالغىنىنى بايقايمىز).

خۇدانىڭ ئىسرائىلنى بۇنداق ئاقلىشى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىلغا ۋەكىل بولۇپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزىدەك بولغان: -

«مېنى ئاقلىغۇچى يېنىمدىدۇر؛ كىم ماڭا ئەرز-شىكايەت قىلالىسۇن؟ بار بولسا بىرلىكتە دەۋالىشايلى؛ كىم مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەيىبلىمەكچى بولسا، ئالدىمغا كەلسۇن! ماڭا ياردەمدە بولغۇچى پەرۋەردىگاردۇر؛ ئەمدى مېنى ئەرز قىلالايدىغان كىمكەن؟ ئۇلارنىڭ

ھەممىسى بىر تال كىيىمدەك ئەسكىرەپ كېتىدۇ؛ پەرۋانىلەر ئۇلارنى يۇتۇۋېتىدۇ» («يەش.» 50:8، 9). ئىنجىلدا خۇدانىڭ نىجاتىدىن نېسىپ بولغانلارنىڭ بەختلىك ئەھۋالى توغرۇلۇقمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ: «كىممۇ خۇدانىڭ تاللىغانلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلالىسۇن؟! خۇدا ھەققانىي قىلغان يەردە، كىممۇ بىزنى گۇناھقا مەھكۇم قىلالىسۇن؟ ئۆلگەن، ھەم تىرىلگەن ۋە خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان، بىز ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتقان مەسىھ شۇنداق قىلارمۇ؟!» («رىم.» 8:33-34؛ «1يۇھ.» 1:2-2نىمۇ كۆرۈڭ، شۇ ئايەتلەردە رەببىمىز «ياردەمچى ۋەكىلىمىز» دەپ ئاتىلىدۇ).

ئۇلۇغ «ياردەمچى ۋەكىل» ئىسرائىل ئۈچۈن بولغان ئاقلاش سۆزلىرىدە بىرىنچىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزگەرمەس تاللىۋالغىنىنى ئاساس قىلىدۇ: «پەرۋەردىگار سېنى ئەيىبلىسۇن!». «ئەيىبلىسۇن» دېگەن پېئىل ئىبرانىي تىلدا «گائار» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «گائار» «تەنبىھ بېرىش» ۋە (خۇدا تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن بولسا) «بېسىقتۇرۇش، باستۇرۇش» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ يەردە «ئىبلىسنى باستۇرۇپ، شىكايەتلىرىنى چەتكە قېقىۋېتىش» دېگەن مەنىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. سەۋەبى ــ «بەرھەق، يېرۇسالېمنى تاللىۋالغان پەرۋەردىگار سېنى ئەيىبلىسۇن!». ئىنجىلدا دېيىلگىنىدەك «خۇدا ئالدىن بىلگەن ئۆز خەلقىدىن ۋاز كەچكىنى يوق!» («رىم.» 11:2).

خۇدانىڭ ئىسرائىلنى ئۆزىگە خاس خەلق قىلىپ تاللىشىدا ئۇلارنىڭ سادىقلىقىغا ئاساسلانغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار خېلى بۇرۇنلا تاشلىۋېتىلگەن بولاتتى. خۇدا نېمىشقا ئىسرائىلنى تاللىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەققانىيلىقى ئۈچۈنمۇ؟ باشقا ئەللەردىن يېقىملىق بولغانلىقى تۈپەيلىدىنمۇ؟ ياق! ــ ئۇ مۇسا ئارقىلىق ئۇلارغا: «پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە مېھرى چۈشۈپ سىلەرنى تاللىغىنى سىلەرنىڭ باشقا خەلقلەردىن كۆپ بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەمەس ــ ئەمەلىيەتتە، سىلەر بارلىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ ئاز ئىدىڭلار ــ بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرنى سۆيگىنى تۈپەيلىدىن ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا ئىچكەن قەسىمىگە سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن پەرۋەردىگار سىلەرنى كۈچلۈك قول بىلەن قۇتقۇزۇپ، ھۆرلۈك بەدىلى تۆلەپ «قۇللۇق ماكانى»دىن،

يەنى مىسىر پادىشاھى پىرەۋننىڭ قولىدىن چىقارغان» دەيدۇ («قان.» 8-7:7).

خۇدا ئۆزىنىڭ ئىبراھىم بىلەن «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ!» دېگەن ئەھدىسىگە ئاساسەن ئىسرائىل ئارقىلىق ئۆز مۇقەددەس خاراكتېرىنىڭ بارلىق تەرەپلىرى، جۈملىدىن مۇتلەق ئادىللىقى ھەم چەكسىز مېھىر-شەپقىتىنى بايان قىلىشقا شۇنداق بېكىتكەندىن كېيىن، گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپ گۇناھلىرى ۋە ئاسىيلىقلىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇ ھەرگىز ئۇلاردىن ۋاز كەچمەيدۇ.

بۇ نۇقتىنى كۆرسەتكەن ئايەتلەر خېلى كۆپتۇر ــ مەسىلەن، «يەر.» 37:31، «لاۋ.» 44:26.

ئىككىنچىدىن، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ شەيتاننىڭ شىكايەتلىرىگە بولغان جاۋابى ئىسرائىلنىڭ ئاللىقاچان تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «بۇ كىشى ئوتتىن تارتىۋېلىنغان بىر چوغچۇلا ئوتۇن ئەمەسمۇ؟». بۇ سۆزلەر «ئاموس» 11:4دىمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، شۇ يەردە خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتى بىلەن ئىنسانىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر ئاپەتتىن قۇتۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بۇ سۆزلەر پەقەت يەشۇئانىڭ ئۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋەكىل بولغان پۈتكۈل ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇشۇ يەردىكى «ئوت» بىرىنچىدىن بابىل ئىمپېرىيەسىدىكى سۈرگۈنلۈكنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ «ئوت»تىن قايتقان قالدۇرۇلغان قىسىم «تارتىۋېلىنغان چوغچۇلا»غا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سۆزلەر بىزگە يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر بىر ئومۇمىي ھەقىقەتنى ئەسلىتىدۇ. ئىسرائىل دائىم دېگۈدەك «ئوت ئىچىدە» بولىدۇ، لېكىن خۇدا ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئىسرائىل مۇسا پەيغەمبەر كۆرگەن شۇ «كۆيۈۋاتقان ئازغانلىق»قا ئوخشايدۇ. خۇدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئوتتەك تۇرغاچقا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى داشقىلى كۆيدۈرۈلمەكتە؛ لېكىن ئۇلار ئۇنىڭدا كۆيدۈرۈپ يەۋېتىلمەيدۇ.

ئىسرائىلنىڭ «ئوت ئىچىدە» بولغانلىقى توغرۇلۇق يەنە «يار.» 17:15، «قان.» 20:4، «زەب.» 12:66، «يەش.» 2:43نى كۆرۈڭ. مىسىر ئىسرائىلغا «خۇمدان» بولغان، بابىلمۇ ھەم شۇنداق؛ گەرچە بۈگۈنكى كۈندە يەھۇدىيلار قايتىدىن قانائان

زېمىننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى سىنايدىغان «ئازاب-ئوقۇبەت ئوتلىرى» تېخى تۈگىمىدى؛ «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى» توشقۇچە، ئىسرائىل زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان ھەم پۈتكۈل دۇنياغا تارقىتىلغان بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئاخىرقى «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» ۋاقتىدا ئەۋجىگە چىقىدۇ. شۇ چاغدا «رەب ئادالەت يۈرگۈزگۈچى روھ ھەم كۆيدۈرگۈچى روھ بىلەن بىلەن،

زىئون قىزلىرىنىڭ پاسىقلىقىنى يۇيۇپ،

يېرۇسالېمنىڭ قان داغلىرىنى تازىلايدۇ» («يەش.» 4:4)؛ ئۇ شۇ چاغدا ئۇلارنى قايتىدىن «ئوتتىن تارتىۋالغان چوكا»دەك قۇتقۇزىدۇ، ئۇلارنى كۆپەيتىپ پۈتكۈل دۇنياغا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ.

بارلىق ئېتىقادچىلارمۇ «چوكىلاردەك ئوتتىن تارتىۋېلىنغان» ئەمەسمۇ؟ «ئوت» ئادەتتە گۇناھنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ جازالىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ بىراق گۇناھ پانىي دۇنيادىمۇ دائىم دېگۈدەك گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىنىڭ بېشىغا ئوت چۈشۈرىدۇ؛ «رەزىللىك ئوتتەك كۆيىدۇ» («يەش.» 18:9). بۇ نۇقتىنى ھېس قىلغان ياكى ھېس قىلمىغان بولايلى، دەرھەقىقەت ھەممىمىزنىڭ ئەھۋالىمىز شۇنداق بولىدۇ. ھەممىمىز ئۆزىمىزدىكى گۇناھلىق تەبىئىتىمىزنىڭ گۇناھىي ئوتى ئىچىدە ياشاپ كەلدۇق (مەسىلەن، تىلىمىز توغرۇلۇق «ياق.» 6:3نى كۆرۈڭ). خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتى بولمىسا، ئاللىبۇرۇن گۇناھلىق ئوتى بىلەن كۆيۈپ كېتەتتۇق.

ئىككىنچىدىن، «ئوتتىن تارتىۋېلىنغان چوكىلاردەك» دېگەن سۆزلەر بىزگە قۇتقۇزغۇچىمىزنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە رەھىمدىللىقىنى ئەسلىتىدۇ؛ چۈنكى ھېچكىم بىزگە ئىچ ئاغرىتمىغان ۋاقىتتا، ئۇ چەكسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىشلىرى بىلەن «ئوتتىن تارتىۋېلىنغان چوكىلاردەك» بىزنى گۇناھنىڭ كەلگۈسى جازالىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى گۇناھنىڭ ھازىرقى كۈچلۈك ئەسىرلىكىدىنمۇ قۇتقۇزغان.

يەشۇئا كىيگەن «پاسكىنا كىيىملەر» توغرۇلۇق يەنە توختىلايلى. بۇلار دېگىنىمىزدەك ئىسرائىلنىڭ شۇ چاغدىكى گۇناھىنى كۆرسەتكەن؛ خۇدا ئۇلارنى تېخى يات ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلمىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ شۇ ئېغىر گۇناھىنىڭ مەۋجۇتلىقىغا تولۇق ئىسپات بەرمەكتە ئىدى.

«پاسكىنا كىيىملەر» ئەخلاقىي بۇزۇقلۇققا سىمۋول بولىدىغانلىقى يەنە «يەش.» 6:64دىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ: —

«ئەمدى بىز ناپاك بىرنەرسىگە ئوخشاش بولدۇق،
قىلغۇاتقان بارلىق «ھەققانىيەتلىرىمىز» بولسا بىر ئەۋرەت لاتىسىغىلا ئوخشايدۇ، خالاس؛
ھەممىمىز يوپۇرماقتەك خازان بولۇپ كەتتۇق،
قەبىھلىكلىرىمىز شامالدەك بىزنى ئۇچۇرۇپ تاشلىۋەتتى».
بۇ سۆزلەر ئىسرائىلنىڭ ھەقىقىي ئەخلاقىي ھالىتىنى كۆرسەتتى.
خۇدانىڭ «زىئون قىزلىرىنىڭ پاسىقلىقىنى يۇيۇش»، شۇنداقلا بارلىق بۇلغىنىشلىرىدىن پاكلاش توغرىسىدىكى ۋەدىسى كۆپ پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن ـ مەسىلەن، «يەش.» 3:4-4، «ئەز.» 16:36-32. ئىسرائىل كىيىدىغان يېڭى كىيىم، يەنى مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ھەققانىيلىقى بولغان كىيىملەر «يەش.» 6:61، 10دە كۆرۈنىدۇ: ـ «مەن پەرۋەردىگارنى زور شاد-خۇراملىق دەپ بىلىپ شادلىنىمەن،
جېنىم خۇدايىم تۈپەيلىدىن خۇشاللىنىدۇ؛
چۈنكى توي قىلىدىغان يىگىت ئۆزىگە «كاھىنلىق سەللە» كىيگۈزگىنىدەك،
توي قىلىدىغان قىز لەئەل-ياقۇتلار بىلەن ئۆزىنى پەردازلىغاندەك،
ئۇ نىجاتلىقنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ماڭا كىيدۈردى،
ھەققانىيلىق تونى بىلەن مېنى پۈركەندۈردى».
بۇ روھىي كىيىملەر بىلەن ھەممە ئىشەنگۈچىلەر بۇگۈن كىيىندى؛ پۈتكۈل ئىسرائىلمۇ كەلگۈسىدە ئۇلار بىلەن كىيىنىدۇ.
4-ئايەتكە ئۆتەيلى: ـ
««بۇ پاسكىنا كىيىملەرنى ئۇنىڭدىن سالدۇرۇۋېتىڭلار» ـ دېدى ۋە ئۇنىڭغا: «قارا، مەن قەبىھلىكىڭنى سەندىن ئېلىپ كەتتىم، ساڭا ھېيتلىق كىيىم كىيگۈزدۇم». بۇ نېمىدېگەن ئاجايىب ئۆزگىرىش-ھە! پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى مۇشۇ بۇيرۇقنى ئالدىدىكى خىزمەتكار پەرىشتىگە چۈشۈرگەندىن كېيىن دەرھال بۇ سىمۋوللىغا تەبىر بېرىپ: «قارا، مەن قەبىھلىكىڭنى سەندىن ئېلىپ كەتتىم» دەيدۇ (9-ئايەتتىكى «مەن بۇ زېمىننىڭ قەبىھلىكىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلايمەن» دېگەن شەرەپلىك ۋەدە شۇنىڭغا ئوخشاش

مەندە بولغان)؛ ئاندىن «مەن ساڭا ھېيتلىق كىيىم كىيگۈزدۈم» دەيدۇ.
«ھېيتلىق كىيىم» يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، مەسىھنىڭ مۇكەممەل ھەققانىيلىقىنى كۆرسەتكەچكە، بۇ سۆزلەر بىۋاسىتە بېشارەت بولمىسىمۇ، پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىنىڭ كاھىن بولۇشقا قايتىدىن چاقىرتىلىپ كېلىنىدىغانلىقىنى پۈرتىدۇ («مىس.» 6:19). بۇ ئىش پەيغەمبەرگە 5-ئايەتتىمۇ كۆرۈنىدۇ. پەيغەمبەر ستىخىيىلىك ھالدا تۈيۇقسىز: «ئۇلار بېشىغا پاكىز بىر سەللىنى ئورىسۇن!» — دەپ سالىدۇ. ئۇنىڭ دۇئاسى دەرھال ئىجابەت قىلىنىدۇ: «ئۇلار پاكىز بىر سەللىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئوراپ، ئۇنىڭغا كىيىم كىيدۈردى». بۇ «پاكىز سەللە» دېگەن سۆز باش كاھىننىڭ مەخسۇس كىيىمىنىڭ «تاج»ى بولغان «سەللە» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداشتۇر («مىس.» 36:28-38). شۇ سەللە بىلەن يەشۇئا (ئىسرائىلغا ۋاكالىتەن) كاھىنلىق خىزمىتىدە بولۇشقا تولۇق تەييارلانغان بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئاخىرىدا ««پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ؛

... ئۇلار «خۇدايىمىزنىڭ خىزمەتكارلىرى» دېيىلىدۇ».

ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ ئىسرائىلنىڭ بۇ كەچۈرمىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىز گۇناھنى يېيىش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىدىن كىيىملەرنى ياسىغان. لېكىن خۇدا ئۇلارنىڭ شۇ ئۆزلىرى تىككەن كىيىملەرنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى «ھايۋاننىڭ تېرىسى»دىن قىلغان كىيىمنى ئۇلارغا كىيگۈزدى (بۇ كىيىمنى قىلىش ئۈچۈن گۇناھسىز بىر ھايۋان ئۆلۈشى كېرەك ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نامسىز ھايۋاننى «بىرىنچى قۇربانلىق» دېسەك، خاتا بولمايدۇ — «يار.» 6:3-7، 21). بىزمۇ ئوخشاش يولدا خۇدانىڭ ئۆزىمىزنىڭ بارلىق باھانىلىرىمىزنى ۋە «ئەۋرەت لاتىسىغىلا ئوخشايدىغان» ئاتالمىش «ھەققانىيەتلىرىمىز»نى («يەش.» 6:64) ئۈستىمىزدىن سالدۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئېتىقاد ئارقىلىقلا قوبۇل قىلىنىدىغان مەسىھنىڭ شەرەپلىك ھەققانىيلىقى بىلەن كىيدۈرۈلۈشكە سالاھىيىتىمىز بار بولىدۇ («ئەف.» 22:4-24). بۇ ئىش بىزنىڭ ئاتالمىش «ساۋابلىق ئىشلىرىمىز» ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق بولىدۇ («ئەف.» 5:2)!

«مات.» 1:22-14، «ۋەھ.» 6:19-18نىمۇ كۆرۈڭ.

6ـ7ـئايەتلەردە سالماق بىر ئاگاھ ۋە شەرەپلىك ۋەدە توغرۇلۇق ئوقۇيمىز: ــ
«ۋە پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يەشۇئاغا مۇنداق جېكىلىدى: ــ
«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ ئەگەر يوللىرىمدا ماڭساڭ، تاپىلىغىنىمنى چىڭ تۇتساڭ، سەن مېنىڭ
ئۆيۈمنى باشقۇرسەن، ھويلىلىرىمغا قارايدىغان بولىسەن؛ ساڭا يېنىمدا
تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىمەن»».

مۇشۇ يەردە «جېكىلىدى» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «گۇۋاھلىق بېرىش»، «ئاگاھلاندۇرۇش» ياكى خۇدا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىتىلگەندە «خۇدا گۇۋاھچى بولسۇن» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۆزنى سۇلايمان شىمەينى ئاگاھلاندۇرۇپ: «سېنى مەن پەرۋەردىگار بىلەن قەسەم قىلدۇرۇپ: شۇنى ساڭا.. دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتمىغانمىدىم؟» دېگەندىمۇ ئىشلىتىلگەن («1پاد.» 2:41). شۇ ئىبارە كېيىنكى سۆزلەرنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

خۇدانىڭ ئۆيىدىكى ئىشلاردا دۇرۇس ھۆكۈم چىقىرىشتا سەزگۈر بولۇشنىڭ ئالدىي شەرتى يەشۇئا، ئىسرائىل، شۇنداقلا بىزلەر ئۆچۈنمۇ ئىتائەتمەن بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

«يېنىمدا تۇرۇۋاتقانلار» بىزنىڭچە پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

8ـ10ـئايەتلەردە تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋەدىلەر تېپىلىدۇ. يەشۇئا باش كاھىن سۈپىتىدە شۇلارنى ئاڭلاشقا ئالاھىدە ئويغىتىلىدۇ: ــ

«ئەمدى ئاڭلا، باش كاھىن يەشۇئا، سەن ۋە سېنىڭ ئالدىڭدا
ئولتۇرغان ھەمراھلىرىڭ ئاڭلاڭلار (چۈنكى ئۇلار بېشارەتلىك
ئادەملەر)».

«ھەمراھلىرىڭ» مۇشۇ يەردە يەشۇئاغا ياردەمچى بولغان باشقا كاھىنلارنى كۆرسىتىدۇ. «مەلۇم بىرسىنىڭ «ئالدىدا ئولتۇرۇش»» دېگەن سۆزلەر شۇ كىشىدىن ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىشنى بىلدۈرىدۇ. بەزى مىساللارنى «2پاد.» 38:4، 1:6، «ئەز.» 1:8، 1:14، 1:20دىن كۆرۈڭ. ئىسرائىلنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە «رابىي» (ئۇستاز)لارنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇلارنىڭ «ئالدىدا ئولتۇرغان» ياكى «ئايىغى ئالدىدا ئولتۇرغان» دېيىلىدۇ («لۇقا» 39:10، «روس.» 3:22).

شۇڭا «سەن ۋە سېنىڭ ئالدىڭدا ئولتۇرغان ھەمراھلىرىڭ» يەشۇئا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى «بېشارەتلىك ئادەملەر» دېيىلىدۇ. ئوخشاشلا يەشايا ۋە ئۇنىڭ

ئوغۇللىرىمۇ «بېشارەتلىك ئادەملەر» ئىدى («يەش.» 18:8؛ «يەش.» 3:20، «ئەز.» 6:12-11نىمۇ كۆرۈڭ). ئەمدى يەشۇئا ۋە ھەمراھلىرى» نېمىگە بېشارەت بېرىدۇ؟ جاۋاب كېيىنكى جۈملىدە تېپىلىدۇ: —

«چۈنكى، مانا، مەن «شاخ» دەپ ئاتالغان قۇلۇمنى مەيدانغا چىقىرىمەن».

مۇشۇ يەردە خۇدا ئەۋەتمەكچى بولغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ ئىككى ئۇنۋانى: — «مېنىڭ قۇلۇم» ۋە «شاخ» دېگەنلەر بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسىھ «مېنىڭ قۇلۇم» دېگەن ئۇنۋانى بىلەن، يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن نۇرغۇن بېشارەتلەر ئارقىلىق كەلگۈسىدە خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇكەممەل ئەمەل قىلغۇچى، ئۇنىڭ نىجاتىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئېلىپ بارغۇچى قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە بىزگە تونۇشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «يەشۇئا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى» مەسىھنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشىدىغانلارغا بېشارەت بولىدۇ. ئۇلار دەرۋەقە خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان چاقىرىقىغا ئەمەل قىلىدۇ: «سىلەر ماڭا كاھىنلاردىن تەركىب تاپقان خاس بىر پادىشاھلىق ۋە مۇقەددەس بىر قوۋم بولىسىلەر!».

مەسىھنىڭ «شاخ» دېگەن ئۇنۋانىنى بىز «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ كىتابلىرىدىن تاپىمىز.

بىرىنچىدىن، يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدىكى 4-بابتا «شاخ»نىڭ ۋاستىسى بىلەن «زىئون قىزلىرىنىڭ پاسىقلىقى يۇيۇلىدۇ»: —

— «رەب ئادالەت يۈرگۈزگۈچى روھ ھەم كۆيدۈرگۈچى روھ بىلەن،
زىئون قىزلىرىنىڭ پاسىقلىقىنى يۇيۇپ،
يېرۇسالېمنىڭ قان داغلىرىنى تازىلايدۇ».

شۇنىڭ بىلەن: —

«زىئوندا قالغانلار ۋە يېرۇسالېمدا توختىتىلغانلار،
يەنى يېرۇسالېمدا قالدۇرۇلغان،
ھايات دەپ تىزىملانغانلارنىڭ ھەممىسى پاك-مۇقەددەس دەپ ئاتىلىدۇ».

ئىككىنچىدىن، «پەرۋەردىگارنىڭ شېخى» بولغان مەسىھ «يەرەمىيا» كىتابىدا، 23-باب ۋە 33-بابتا كۆرسىتىلىدۇ. شۇ يەرلەردە ئۇ خۇدا «داۋۇت ئۈچۈن

ئۆستۈرۈپ تىكلىگەن ھەققانىي شاخ»، ئاندىن «داۋۇت نەسلىدىن ئۆستۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەققانىي شاخ» دېگەن سۆپەتتە بىزگە تونۇشتۇرۇلۇپ، ئاندىن: «ئۇنىڭ... شۇ كۈنلەردە يەھۇدا قۇتقۇزۇلىدۇ، يېرۇسالېم ئارامبەخشتە تۇرىدۇ؛ شۇ چاغدا يېرۇسالېم: «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىزدۇر» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ» دەپ بېشارەت بېرىلىدۇ.

زەكەرىيا پەيغەمبەر «شاخ» توغرۇلۇق بەرگەن ئىككى بېشارەتنى يۇقىرىقىلارغا قوشساق، تەۋراتتا «شاخ» دېگەن زاتنىڭ خاراكتېرى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە بىزگە تونۇشتۇرۇلىدۇ: —

(1) ھەققانىيلىق بىلەن ھۆكۈم سۈرگۈچى مۆكەممەل پادىشاھ — «داۋۇتنىڭ نەسلىدىن بولغان شاخ»، خۇدانىڭ داۋۇت پادىشاھقا بەرگەن بارلىق ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى («يەر.» 5:23، 6، 15:33، 16)

(2) «شاخ» دەپ ئاتالغان «مېنىڭ قۇلۇم» («زەك.» 8:3)

(3) «شاخ» دەپ ئاتالغان ئىنسان («زەك.» 12:6).

(4) «پەرۋەردىگارنىڭ شېخى» — «گۈزەل ھەم شەرەپلىك بولۇپ،... قېچىپ قۇتۇلغان ئىسرائىلدىكىلەرگە شۆھرەت ۋە گۈزەللىك كەلتۈرىدۇ» («يەش.» 2:4)

«شاخ»نىڭ بۇ تۆت تەرىپى مەسىھنىڭ ئەمەللىرىنى بىزگە تەسۋىرلىگەن ئىنجىلدىكى «تۆت بايان»دىمۇ، مەسىھنىڭ دەل مۇشۇ تۆت تەرىپى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بۇ تۆت تەرىپى توغرىسىدا «ئىنجىلدىكى كىرىش سۆز»ىمىزدە ۋە «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختالدۇق. مۇشۇ يەردە شۇ شەرھلىرىمىزنى ئاددىي ئىخچاملايمىز: —

(1) روسۇل ماتتانىڭ تەكىتلىگىنى — «داۋۇتنىڭ نەسلىدىن بولغان شاخ»تۇر. «مانا، سىنىڭ پادىشاھىڭ!» («زەك.» 9:9) — بۇنى «ماتتا»دىكى چوڭ تېما دېيىشكە بولىدۇ.

(2) ماركۇسنىڭ تەكىتلىگىنى — «مانا مېنىڭ قۇلۇم»دۇر.

(3) لۇقانىڭ تەكىتلىگىنى ««شاخ» دەپ ئاتالغان ئىنسان» (زەك.» 12:6). لۇقا بىزگە ئەيسا مەسىھنىڭ «ئىنسانئوغلى» دېگەن سۈپىتىنى، يەنى ئۇنىڭ تولۇق ئىنسان، شۇنداقلا مۇكەممەل ئىنسان بولغانلىقى، بارلىق

ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(4) روسۇل يۇھاننانىڭ تەكىتلىگىنى «پەرۋەردىگارنىڭ شىپخى»دۇر. روسۇل يۇھاننا ئۆز بايانىدا «ئەسلىدىلا ئەرشتە تۇرغۇچى، يەنى ئەرشتىن چۈشكۈچى»نى بىزگە ئايان قىلىدۇ. ئۇ ئېيتقان شۇ زات خۇدانىڭ تولۇق تەبىئىتىگە ئىگە بولغان، شۇنىڭدەك تولۇق ئىنسانىي تەبىئەتكە ئىگە بولغان مەسىھتۇر («يۇھ.» 13:3).

ئوقۇرمەنلەر ئىنجىلدىكى «تۆت بايان»نى ئوقۇغانسېرى «شاخ»نىڭ بۇ تۆت تەرىپىنى بايقىيالايدۇ.

مەسىھ توغرۇلۇق بۇ بابتىكى ئۈلۈغ بېشارەت 9-ئايەتتە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ:

—

«مانا، مەن يەشۇئانىڭ ئالدىغا قويغان تاشقا قارا! ــ بۇ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە يەتتە كۆز بار؛ مانا، مەن ئۇنىڭ نەقىشلىرىنى ئۆزۈم ئويىمەن ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ ۋە مەن بۇ زېمىننىڭ قەبىھلىكىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلايمەن».

زەكەرىيانىڭ باشقا كۆپ بېشارەتلىرىگە ئوخشاش، «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ بېشارەتلىرىنى ئېسىمىزگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، ئاندىن شۇلارنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن بۇلارنى چۈشىنەلەيمىز.

«مانا مەن يەشۇئانىڭ ئالدىغا قويغان تاش!» دېگەنلىك ئادەمنىڭ ئېسىگە ئاۋۋال شۇ چاغدا يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلىدىكى چوڭ ئۇيۇلتاش كېلىشى مۇمكىن. لېكىن شۇ تاشنىڭ ئۆزى قەدىمكى ئىككى بېشارەتنى كۆرسەتسە كېرەك: —

«مانا، زىئوندا ئۇل بولۇش ئۈچۈن بىر تاش،
سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن بىر تاش،
قىممەتلىك بىر بۇلۇڭ تېشى،
ئىشەنچلىك مۇقىم ئۇل تېشىنى سالغۇچى مەن بولىمەن.
ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تايانغان كىشى ھېچ ھودۇقمايدۇ، ئالدىرىمايدۇ»
(«يەش.» 16:28)؛ ۋە:

«تامچىلار تاشلىقۇتكەن تاش بولسا،
بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەندى!» («زەب.» 22:118). شەك يوقكى، بۇ تاش مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر («1پېت.» 2:4-8، «مات.» 42:21).

ئەگەر مەسىھ ئەيسا ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ئۇلى بولمايدىغان بولسا، ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھېچقانداق ئۇلى بولمايدۇ. ئۇ خۇدانىڭ ھەقىقىي ۋە مەڭگۈلۈك روھىي ئىبادەتخانىسىنىڭ تەۋرەنمەس ئۇلىدۇر؛ بارلىق ئېتىقادچىلار شۇ ئىبادەتخانىنىڭ بىر قىسمى قىلىنىپ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىبادەتخانا «خۇدانىڭ بىر مەڭگۈ تۇرالغۇسى بولۇشقا مۇقەددەس روھتا بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلماقتا» («ئەف.» 2:19-22، «1پېت.» 2:4-8).

«بۇ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە يەتتە كۆز بار»

بەزى شەرھچىلەر بۇ سۆزلەرنى («مات.» 16:3-17 قاتارلىق يازمىلارنى كۆزدە تۇتۇپ) «خۇدانىڭ كۆزلىرى ھەردائىم ئۆز قۇلى بولغان مەسىھنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭچە شۇ كۆرۈنۈشتىكى تاشنىڭ ئۆزىدە «يەتتە كۆز» ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن. شۇنداق بولغاندا، زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ شۇ ۋاقىتتا كۆرگىنىنىڭ مەنىسى كېيىنكى «ۋەھىي» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن، روسۇل يۇھاننى ۋەھىي قىلىنغان كۆرۈنۈشتىكى مەزمۇنغا ئوپئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى روسۇل يۇھاننا «ۋەھىي» دېگەن كىتابنى قوبۇل قىلغاندا مەسىھنى مۇنداق ھالەتتە كۆرىدۇ: «ئاندىن قارىسام، ... بىر قوزا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ يېڭىلا بوغۇزلانغاندەك قىلاتتى؛ ئۇنىڭ يەتتە مۈڭگۈزى (بارلىق ھوقۇققا ئىگە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ) ۋە يەتتە كۆزى بولۇپ (ھەممە ئىشنى مۇكەممەل بىلگىنىنى بىلدۈرىدۇ)، بۇ كۆزلەر خۇدانىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىگە ئەۋەتكەن يەتتە روھى ئىدى» («ۋەھ.» 6:5).

دېمەك، مەسىھ خۇدانىڭ روھىنىڭ يەتتە تەرەپلىك ئىلتىپاتىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ: —

«ۋە بىر تال نوتا يەسسەنىڭ دەرىخىنىڭ كۆتىكىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ؛
ئۇنىڭ يىلتىزىدىن ئۈنۈپ چىققان بىر شاخ كۆپ مېۋە بېرىدۇ.
ۋە پەرۋەردىگارنىڭ روھى،
يەنى دانالىقنىڭ ۋە يورۇتۇشنىڭ روھى،

نەسىھەت ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ روھى،
بىلىم ۋە پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىشنىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ؛
ئۇنىڭ خۇرسەنلىكى بولسا پەرۋەردىگاردىن قورقۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ» («يەش.» 1:11-3نى ۋە كېيىنكى ئايەتلەرنىمۇ كۆرۈڭ).

9-ئايەتنىڭ داۋامىدا خۇدانىڭ: «مانا، مەن ئۇنىڭ نەقىشلىرىنى ئۆزۈم ئويىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى چوقۇم ئالدىنقى سۆزلەر بىلەن باشلىنىشلىقى بار دەپ قارايمىز. بۇ يەردە «تاشقا ئويۇلغان» نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى بايان قىلىنمايدۇ. بۇ ئىشتا كۆپ قىياسلارنى قىلىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما تاش مەسىھنىڭ ئۆزى بولىدىكەن، ئۇنداقتا «ئۇنىڭ ئۈستىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلغىنى»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەندە، ئۇنىڭ تېنىنىڭ بەش يېرى يارىلانغانىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك روسۇل يۇھاننا مەسىھ ئەيسانى ئەرشتە كۆرگىنىدە ئۇنى «يېڭىلا بوغۇزلانغاندەك» كۆردى. رەببىمىز ئۆلۈمدىن يېڭىلا تىرىلىپ، ئەرشتە ئايان بولغاندا ئۆز تېنىدە شۇ بەش يارىسىنىڭ تاتۇقلىرى تېخىچە بار ئىدى ۋە ھازىرمۇ شۇ تاتۇقلىرى باردۇر! («يۇھ.» 20:20، 25، 27، «ۋەھ.» 6:5، 12). بۇ شەرەپلىك يارىلار بىزنىڭ مەڭگۈلۈكىمىز ئۈچۈن ئويۇلغان ئىدى، بىز دەل ئۇلار ئارقىلىق شىپا تاپتۇق! («يەش.» 5:53، «مات.» 17:8).

9-ئايەتنىڭ: «مەن بۇ زېمىنىنىڭ قەبىھلىكىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلايمەن» دېگەن ئاخىرقى جۈملىسى چوقۇم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىھنىڭ تېنىدىكى «نەقىشلىرى»گە، شۇنداقلا ئۇنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت تارتقانلىرىغا زىچ باغلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ پەقەت «زېمىنىنىڭ قەبىھلىكىنى ئېلىپ تاشلاپلا» قالماي، بەلكى كرېستكە مىخلىنىپ پۈتكۈل دۇنيانىڭ گۇناھلىرىنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ، گۇناھلاردىن ئازاد بولۇش يولىنى «بىر كۈن ئىچىدىلا» ئاچتى («1پېت.» 24:2)!

ئەمما بىشارەتتە كۆزدە تۇتۇلغان «كۈن» ئەمەلىيەتتە مەسىھنىڭ ئازابلانغان شۇ كۈنى ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدە ئىسرائىلنىڭ (مەسىھ كرېستلەنگەن ئاشۇ كۈندە ئاللىقاچان ئېچىلغان نىجاتنى قوبۇل قىلىدىغان كۈنىدىن ئىبارەت. «لاۋىيلار»دىكى

«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختالغىنىمىزدەك، ئىسرائىلنىڭ «كافارەت كۈنى» ھېيتى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە توۋا قىلىپ مەسىھنى قوبۇل قىلىدىغان كۈنىگە بېشارەتلىك رەسىم بولىدۇ («لاۋ.» 26:11). دېمەك، رەببىمىزنىڭ ئاللىقاچان پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھلىرىنى «بىر كۈن ئىچىدىلا» ئۆز ئۈستىگە ئالغان خىزمىتى كەلگۈسىدە پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىدە كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ، «ئۇلارنىڭ قەبىھلىكى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلىنىدۇ». «يەش.» 8:66، «زەك.» 10:12-14، 1:13نى ۋە بۇ ئايەتلەر توغرىسىدىكى بايانلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

بۇ ئىشنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن ھەجەرنىڭ كەچۈرمىشىنى، ئۇنىڭ بەئەر-شېبادىكى چۆل-باياۋاندا يولدىن ئادىشىپ يۈرگىنىدە بولغان ۋەقەنى ئاددىي بىر مىسال قىلايلى. ئۇنىڭ تۇلۇمىدىكى سۈيى تۈگەپ كەتكەندە، ئوغلى ئىسمائىلنى بىر چاتقالنىڭ تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ سەل يىراققا بېرىپ، دەرد-ئەلەم ئىچىدە پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلايدۇ. خۇدا ئۇنىڭ ۋە ئوغلىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. «شۇئان خۇدا ھەجەرنىڭ كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۇ بىر قۇدۇقنى كۆردى» («يار.» 9:21). قۇدۇق دەرۋەقە ئەسلىدىلا شۇ يەردە بولسا كېرەك، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئازاب ۋە ياش بىلەن تورلىشىپ كەتكەچكە، ھەجەر ئۇنى كۆرمىگەن؛ ھەجەر تۇلۇمنى سۇغا توشقۇزغاندا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن قۇدۇقتىكى بۇلاق پەقەت ھازىرلا ئېچىلغاندەك بولغان. ئىسرائىلغا نىسبەتەن كەلگۈسىدە شۇ كۈندە شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. گۇناھ ۋە ناپاكلىقنى يۇيىدىغان بۇلاق دەرۋەقە ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى مەسىھنىڭ يارىلىرى ئارقىلىق ئېچىلغانىدى؛ كەلگۈسىدە «شۇ كۈنى» (1:13) مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ پۈتكۈل خەلقىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلگىنىدە «كورنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىدۇ» («يەشايا» 35-باب) ئاندىن روھ ئۇلارغا مەسىھنىڭ ئەسلىدە ئۇلار ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرغىنىنى ئايان قىلىدۇ: «شۇ كۈندە سىلەرنى پاكلاشقا سىلەر ئۈچۈن كافارەت كەلتۈرۈلىدۇ؛ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سىلەر ھەممە گۇناھلىرىڭلاردىن پاك بولىسىلەر» («لاۋ.» 30:16، «ئىبر.» 13:9، 14).

ئۇلارنىڭ خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇلۇشىنىڭ بەخت-بەرىكەتلىك نەتىجىسى 10-ئايەتتە كۆرۈلىدۇ: —

«شۇ كۈنى، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ھەربىرىڭلار ئۆز يېقىنىڭلارنى ئۈزۈم تېلى ۋە ئەنجۈر دەرىخى ئاستىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىسىلەر».

ئىسرائىل خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە شاپائىتىدىن ھۇزۇرلىنىپ، پۈتكۈل دۇنيانى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تەبرىكلەيدىغان زىياپەتكە چاقىرىدۇ. بۇ زىياپەت مەسىھنىڭ يەر يۈزىدە سۈرگەن مىڭ يىللىق سەلتەنىتى بولىدۇ («ۋەھ.» 20:1-10).

## بەشىنچى غايىبانە كۆرۈنۈش - ئالتۇن چىراغدان (4:1-14)

«ئاندىن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە قايتىپ كېلىپ مېنى ئويغىتىۋەتتى. مەن خۇددى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋېتىلگەن ئادەمدەك بولۇپ قالدىم؛ ئۇ مەندىن: «نېمىنى كۆردۇڭ؟» دەپ سورىدى. مەن: «مانا، مەن پۈتۈنلەي ئالتۇندىن ياسالغان بىر چىراغداننى كۆردۈم؛ ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر قاچا، يەتتە چىرىغى ۋە يەتتە چىراغقا تۇتىشىدىغان يەتتە نەيچە بار ئىكەن؛ ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى زەيتۇن دەرىخى بار، بىرسى ئوڭ تەرەپتە، بىرسى سول تەرەپتە»، دېدىم. ئاندىن جاۋابەن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن: «ئى تەقسىر، بۇلار نېمە؟» ــ دەپ سورىدىم.

مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە ماڭا جاۋابەن: «بۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» ــ دېدى. مەن: «ياق، تەقسىر» ــ دېدىم.

ئاندىن ئۇ ماڭا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «مانا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ زەرۇببابەلگە قىلغان سۆزى: «ئىش كۈچ-قۇدرەت بىلەن ئەمەس، ئىقتىدار بىلەن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ روھىم ئارقىلىق پۈتىدۇ! ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.

ــ ئى بۈيۈك تاغ، سەن زادى كىم؟ زەرۇببابەل ئالدىدا سەن تۈزلەڭلىك بولىسەن؛ ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە جىپسىما

تاشنى قويدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغا: «ئىلتىپاتلىق بولسۇن! ئىلتىپات ئۇنىڭغا!» دېگەن تۋۋلاشلار ياڭراپ ئاڭلىنىدۇ».

ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ «زەرۇببابەلنىڭ قولى مۇشۇ ئۆينىڭ ئۇلىنى سالدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرى ئۇنى پۈتتۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر. كىم ئەمدى مۇشۇ «كىچىك ئىشلار بولغان كۈن»نى كۆزگە ئىلمىسۇن؟ چۈنكى بۇلار شادلىنىدۇ، ــ بەرھەق، بۇ «يەتتە» شادلىنىدۇ، ــ زەرۇببابەلنىڭ قولى تۇتقان تىك ئۆلچەم تېشىنى كۆرگەندە شادلىنىدۇ؛ بۇ «يەتتە» بولسا پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىگە سەپسېلىپ قاراۋاتقان كۆزلىرىدۇر».

مەن جاۋابەن پەرىشتىدىن: «چىراغداننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرغان ئىككى زەيتۇن دەرىخى نېمە؟» دەپ سورىدىم؛ ۋە ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭدىن: «ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئالتۇن نەيچە ئارقىلىق ئۆزلىكىدىن «ئالتۇن» قۇيۇۋاتقان شۇ ئىككى زەيتۇن شېخى نېمە؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ مەندىن: «بۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «ياق، تەقسىر» ــ دېدىم.

ئۇ ماڭا: «بۇلار پۈتكۈل يەر-زېمىننىڭ ئىگىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان «زەيتۇن مېيىدا مەسىھ قىلىنغان» ئىككى ئوغۇل بالىدۇر» ــ دېدى».

بۇ كۆرۈنۈش ۋە ئۇنىڭ مەقسىتى توغرۇلۇق بىز بىر-بىرلەپ ئايەتمۇ-ئايەت كۆرۈپ چىقىمىز. بۇ توغرۇلۇق كۆپ تەھلىللەرنى قىلىشقا بولىدۇ، بىز مۇشۇ يەردە پەقەت ئاساسىي مەنىسىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا باغلانغان باشقا بېشارەتلەرنى قىسقا شەرھلەپ ئۆتىمىز.

## كۆرۈنۈشتە بولغان سىمۋوللار - (1-5-ئايەت)

1-ئايەت: «ئاندىن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە قايتىپ كېلىپ مېنى ئويغىتىۋەتتى. مەن خۇددى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋېتىلگەن ئادەمدەك بولۇپ قالدىم»

«مەن خۇددى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋېتىلگەن ئادەمدەك بولۇپ قالدىم» دېگەن سۆزلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مۇشۇ چاغدا زەكەرىيا ئۇخلاپ قالغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ روھتا ئويغىتىلغان يۇكسەك سەزگۈرلۈكى ئۇنىڭ ئادەتتىكى سەزگۈسىنى ئۇخلاۋاتقاندەك تۇيۇلدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بىزمۇ شۇنداق بولۇشىنى خالايمىزكى، خۇدا ھەممىمىزنى ئەتراپىمىزدىكى روھىي ئەمەلىيەتلەرگە كۆپرەك سەزگۈر قىلسۇن!

ئەمدى «چىراغدان»غا ئۆتەيلى: -

«ئۇ مەندىن: «نېمىنى كۆردۈڭ؟» دەپ سورىدى. مەن: «مانا، مەن پۈتۈنلەي ئالتۇندىن ياسالغان بىر چىراغداننى كۆردۈم؛ ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر قاچا، يەتتە چىرىغى ۋە يەتتە چىراغقا تۇتىشىدىغان يەتتە نەيچە بار ئىكەن؛ ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى زەيتۇن دەرىخى بار، بىرسى ئوڭ تەرەپتە، بىرسى سول تەرەپتە»، دېدىم».

بۇ چىراغدان شەكلى جەھەتتىن خۇدا ئەسلىدە مۇقەددەس چېدىر ئۈچۈن بېكىتكەن «يەتتە شاخلىق» چىراغدانغا، شۇنداقلا ئۇ سۇلايمان پادىشاھ قۇرغان مۇقەددەس ئىبادەتخانا ئۈچۈن بېكىتكەن چىراغدانلارغا ئوخشىشىدۇ، ئەلۋەتتە («مىس.» 25:31-40، «1پاد.» 7:49). شۇ چىراغدانلار توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ يورۇقى ھەرگىز ئۈچۈرۈلمەسلىكى كېرەك، دەپ ئەمر قىلىنغانىدى. مەزكۇر كۆرۈنۈشتىكى چىراغداننىڭ ئۇلاردىن ماھىيەتلىك بىر پەرقى باردۇر؛ مۇقەددەس چېدىردىكى ۋە ئىبادەتخانىدىكى چىراغدانلارغا لازىملىق زەيتۇن مېيى ھەركۈنى كاھىنلار تەرىپىدىن تولۇقلىنىپ قاچىلىنىشى كېرەك ئىدى؛ لېكىن مەزكۇر چىراغداننىڭ ئۆزى توختاۋسىز زەيتۇن مېيى بىلەن تەمىنلەيدىغان مەنبەسى بار ئىدى. چۈنكى «ئۇنىڭ يېنىدا، بىرسى ئوڭ تەرەپتە، بىرسى سول تەرەپتە» ئىككى زەيتۇن دەرىخى بار ئىدى: - «يېنىدىكى ئىككى ئالتۇن نەيچە ئارقىلىق

ئۆزلىكىدىن «ئالتۇن» (زەيتۇن مېيى) قۇيۇۋاتقان ئىككى زەيتۇن شېخى» بار ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن چىراغلار توختاۋسىز كۆيۈپ نۇر چاچاتتى (3-ئايەت ۋە 11-12-ئايەت).

ئۇنداقتا، چىراغدان نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ بىز شۇنداق جەزملەشتۈرۈپ ئېيتالايمىزكى، چىراغدان ئىسرائىلنىڭ دۇنيادىكى قالغان ئەللەرگە چېچىشى كېرەك بولغان نۇرغا ۋەكىللىك قىلىدۇ («مىس.» 6:19، «يەش.» 10:43-12، 21، 8:44).

سۈرگۈنلۈكتىن قايتقان ئىسرائىلنىڭ «قالدىلار»ى ئارقىلىق، يەنى زەرۇببابەل، يەشۇئا ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە قايتقانلارنىڭ ئېتىقادى ئارقىلىق ئىبادەتخانا قاتتىق قارشىلىقتا ۋە ئېغىر قىيىنچىلىقتا قارىماي، قايتىدىن قۇرۇلماقتا ئىدى؛ شۈبھىسىزكى، شۇ كۆرۈنۈش ئۇلارغا ئۆز ئېتىقادى ئارقىلىق نۇر چېچىۋاتقىنىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شۇ قۇرۇلۇش ئىشىدا ئېتىقادىنى رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن بېرىلدى.

ئەپسۇسكى، ئىسرائىل ئۆز تارىخىدا كۆپ ۋاقىتلاردا خۇدانىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى ئىزدىمەيتتى ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سالمايتتى؛ ئۇلار نۇر بولۇشنىڭ ئورنىغا، ئەللەرنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي خۇداغا ئىشىنىشىگە پۇتلىكاشاڭ بولدى؛ ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئېيتقاندەك: «مانا، بۇ يېرۇسالېم؛ مەن ئۇنى ئەللەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇردۇم؛ باشقا مەملىكەتلەر ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە تۇرىدۇ (ئىسرائىل شۇ ئەللەرنى نۇر بولۇپ يورۇتسۇن، ئۇلار ئۇنىڭ گۈزەل ئەمەللىرىنى كۆرۈپ خۇدانى ئۇلۇغلىسۇن دەپ) — بىراق ئۇ مېنىڭ ھۆكۈملىرىمگە قارشىلىشىپ، رەزىللىكتە يات ئەللەردىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، بەلگىلىمىلىرىمگە قارشىلىشىشتا ئۆپچۆرىسىدىكى مەملىكەتلەردىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى؛ چۈنكى مېنىڭ ھۆكۈملىرىمنى ئۇلار رەت قىلدى، مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىم بولسا، ئۇلاردا ئاقمايدۇ» («ئەزاكىيال» 5-بابتىن).

تەۋراتتىكى ئاخىرقى قىسىم بولغان «مالاكى» دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغاندەك، زەرۇببابەل ۋە سۈرگۈنلۈكتىن قايتقانلارنىڭ ئېتىقادى ئەللەرگە شۇنچە يارقىن يورۇقلۇق بەرگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي يۇقىرىقى ئۇسال ئەھۋال ئىسرائىلدا قايتىدىن باش كۆتۈردى.

تەۋرات دەۋرىدە خۇدا شۇنچە كۆپ قېتىم پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق «چىراغدېنىم بولۇش ئىمتىيازىنى سىلەردىن مەھرۇم قىلىمەن» دەپ تەھدىت سالغان بولسىمۇ، ئەمما

ئۇ ئۇلارغا بولغان سەۋر-تاقىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان گۇۋاھچى سالاھىيىتىنى ھەتتا ئۇلار يات ئەللەرنىڭ ھۆكۈمى ئاستىدا تۇرغاندىمۇ ساقلاپ تۇرغاندى.

ھالبۇكى، ئۆزى توغرۇلۇق «دۇنيانىڭ نۇرى ئۆزۈمدۇرمەن» دەپ جاكارلىغۇچى كەلگەندە («يۇھ.» 12:8، 5:9) ئىسرائىلنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىشى بىلەن خۇدا ئۇلاردىن چىراغدانىنى ھەم پادىشاھلىقنى مەھرۇم قىلدى، چىراغدانىنى ھەم پادىشاھلىق «ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مېۋىلەرنى بېرىدىغان باشقا بىر ئەلگە ئاتا قىلىندى» («مات.» 43:21).

چىراغدان ئىسرائىلدىن ئېلىپ كېتىلگەندە، ئۇنىڭ ئورنىدا «يەتتە ئالتۇن چىراغدان»نى كۆرىمىز («ۋەھ.» 12:1-13، 20، 1:2). ئىسرائىلنىڭ رەب ئالدىدا مۇقەددەس جايدا نۇر بولۇپ، شۇنداقلا نۇرى بىلەن دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتۇشتىن ئىبارەت ئەسلىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بېكىتىلگەن يېڭى بىر خەلق مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئېتىقادچىلار جامائىتىدۇر. «ۋەھىي»دىكى بۇ يەتتە چىراغدان جامائەتنى كۆرسىتىدۇ («مات.» 14:5نىمۇ كۆرۈڭ). «ۋەھىي»دە كۆرسىتىلگەن «يەتتە جامائەت» توغرۇلۇق «ۋەھىي»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ؛ «ۋەھىي»دىن شۇ ئىش ئېنىقكى، جامائەتلەرنىڭ ئىسرائىلغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ھازىرقى ئېتىقادچى جامائەتلەرنىڭ (مەيلى رىم ياكى يېرۇسالېم بولسۇن) يەر يۈزىدە ھېچقانداق «مەركىزى» يوقتۇر؛ ئۇلارنىڭ خۇدا ئۈچۈن «گۇۋاھچى چىراغدان» سالاھىيىتىدە تۇرۇشى پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ «ئوتتۇرىسىدا تۇرغان» رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئالاقىسىگە باغلىقتۇر.

چىراغدانلارنىڭ نۇر بېرىشى توغرىسىدىكى يارقىن بىر مىسالنى تېسالونىكادىكى جامائەتتىن كۆرەلەيمىز: «چۈنكى رەبنىڭ سۆز-خەۋىرى سىلەردىن پەقەت ماكېدونىيە ۋە ئاخايادىلا ياڭراپ قالماستىن، بەلكى ھەممە يەرگە خۇداغا باغلانغان ئېتىقادىڭلار توغرۇلۇق خەۋەر تارقالدى؛ نەتىجىدە، بىزنىڭ شۇ يەرلەردە خۇش خەۋەر توغرۇلۇق ھېچنېمە دېيىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى» (دېمەك، پاۋلۇس ۋە خىزمەتداشلىرى قايسى يەرلەرگە بارمىسۇن، شۇ يەردىكى كىشىلەر ئاللىقاچان تېسالونىكالىقلارنىڭ خۇداغا بولغان ئېتىقادىدىن خەۋەر تاپقان، شۇنداقلا ئۆزلىرىمۇ خۇش خەۋەردىن خەۋەردار بولغان – «1تېس.» 8:1).

مەسىھنىڭ جامائەتلىرى بۇگۈنگە قەدەر خۇدانىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ كەلمەكتە؛ ئاخىرقى زامانلاردا ئىسرائىلدىكى چىراغدان قايتىدىن ئورنىغا قويۇلۇپ جامائەتلەرنىڭ چىراغدانلىرىغا قوشۇلىدىغان بىر كۈن كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئىسرائىلنىڭ چىراغدىنىنىڭ يورۇقى ئىلگىرىكى يورۇقىدىن تېخىمۇ پارلاق ۋە شەرەپلىك بولىدۇ. زەكەرىيا كۆرگەن مۇشۇ بەشىنچى كۆرۈنۈش تۆپتىن شۇ ئاخىرقى شەرەپلىك ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى يەشايا پەيغەمبەرمۇ كۆرگەندەك: -

«ئورنۇڭدىن تۇر، نۇر چاچ! چۈنكى نۇرۇڭ يېتىپ كەلدى،
پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ئۈستۈڭدە كۆتۈرۈلدى!
چۈنكى قاراڭغۇلۇق يەر-زېمىننى،
قاپقارا زۇلمەت ئەل-يۇرتلارنى باسىدۇ؛
بىراق پەرۋەردىگار ئۈستۈڭدە كۆتۈرۈلىدۇ،
ئۇنىڭ شان-شەرىپى سېنىڭدە كۆرۈنىدۇ؛
ھەم ئەللەر نۇرۇڭ بىلەن،
پادىشاھلار سېنىڭ كۆتۈرۈلگەن يورۇقلۇقۇڭ بىلەن ماڭىدۇ» («يەش.» 60:1-3).

ۋە: «تاكى زىئوننىڭ ھەققانىيلىقى جۇلالىنىپ چاقناپ چىققۇچە،
ئۇنىڭ نىجاتى بولسا لاۋۇلداۋاتقان مەشئەلدەك چىققۇچە،
زىئون ئۈچۈن مەن ھېچ ئارام ئالمايمەن،
يېرۇسالېم ئۈچۈن ھەرگىز سۈكۈت قىلمايمەن؛
ھەم ئەللەر سېنىڭ ھەققانىيلىقىڭنى،
بارلىق پادىشاھلار شان-شەرىپىڭنى كۆرىدۇ؛
ھەم سەن پەرۋەردىگار ئۆز ئاغزى بىلەن ساڭا قويىدىغان يېڭى بىر ئىسىم بىلەن ئاتىلىسەن» («يەش.» 62:1-2).

مەسىھنىڭ يەر يۈزىدە سۈرگەن مىڭ يىللىق پادىشاھلىقىدا ئىسرائىلنىڭ قايتىدىن قويۇلغان چىراغدىنى شۇنداق پارلاق بەرق ئۇرىدۇ.

كۆرۈنۈشتىكى «ئىككى زەيتۇن دەرخى» توغرىسىدىكى ئاخىرقى ئايەتلەرگە ئۆتسەك، پەيغەمبەر دەرەخلەر توغرۇلۇق ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم سورىغاندا،

ئۇنىڭغا: «بۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ (4، 11-12-ئايەتنى كۆرۈڭ). قىزىق يېرى شۇكى، «تەبىر بەرگۈچى پەرىشتە» ۋە پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۆزى زەكەرىياغا ھېچقانداق بىۋاسىتە جاۋاب بەرمەيدۇ. شەۋەبى، جاۋاب ئېنىقلا روشەن بولسا كېرەك!

بىز شۇ ئايەتلەرگە بەرگەن ئىزاھاتتا ئېيتقىنىمىزدەك، سەۋەبى دەل شۇكى، زەكەرىيا پەيغەمبەر شۇ ئىككى دەرەخقە قارىغاندا، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ھەم ھاگاي پەيغەمبەرنى كۆردى!

بەزىلەر ئىككى دەرەخنى «زەرۇببابەل ۋە باش كاھىن يەشۇئا» دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە زەرۇببابەل ۋە يەشۇئا ئۆزلىرىنىڭ زەكەرىيا ۋە ھاگاي پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرى ئارقىلىق كۈچلۈك رىغبەت ۋە روھىي تەسەللى تاپقاچقا، ئىككى دەرەخنى دەل شۇ ئىككى پەيغەمبەر دېيىش تېخىمۇ ئورۇنلۇق بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نېمىشقا زەكەرىيانىڭ پەقەت يالغۇز بۇ سوئالىغىلا بىۋاسىتە جاۋاب بېرىلمىدى؟!

پەرىشتە ئىككى دەرەخنى «بۇلار پۈتكۈل يەر-زېمىننىڭ ئىگىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان «زەيتۇن مېيىدا مەسىھ قىلىنغان» ئىككى ئوغۇل بالىدۇر» (ئىبرانىي تىلىدا: «زەيتۇن مايلىق ئىككى ئوغۇل بالا») دەيدۇ.

«يەر-زېمىننىڭ ئىگىسى» دېگەن ئىبارە پەقەت خۇدانىڭ ئۇنىڭ ئۆز «مۇقەددەس زېمىنى»دا تۇرغان بىر گۇۋاھچىسى بار ئەھۋالدا ئىشلىتىلىدۇ (ئوقۇرمەنلەر تەتقىق قىلسۇن!). شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ يەردە شۇ ئىبارىنىڭ ئىشلىتىلىشى كۆرۈنۈشنىڭ مەزمۇنىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئىسرائىلنىڭ «روھىي تەمىناتلار» بولغان رىغبەت-تەسەللى بىلەن تەمىنلىنىشى دەل شۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ «يەر-زېمىننىڭ ئىگىسى»نىڭ ئالدىدا تۇرۇشى ئارقىلىق بولماقتا (يەنە بىر مىسالنى «مىس.» 12:17دىن كۆرۈڭ). باشقا ئادەملەر ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدىن كەتمەي دۇئا-تىلاۋەت قىلغۇچىلارمۇ مۇشۇنىڭدىن رىغبەت ئالسۇن!

شۇنىڭ ئۈچۈن بەشىنچى كۆرۈنۈش ئىككى پەيغەمبەرنى ۋەزىپىسىدە (ئۇلار ئۆز خىزمىتىنىڭ روھىي ئەمەلىيىتىنى كۆرگەچكە) رىغبەتلەش ئۈچۈن ۋە شۇنداقلا زەرۇببابەلنى ئىبادەتخانىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىدە رىغبەتلەش ئۈچۈن بېرىلدى، دەپ قارايمىز.

ئاخىرىدا بىز شۇنى دەپ ئۆتكىمىز باركى، «ۋەھ.» 3:11-13دە «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» ۋاقتىدا پەيدا بولىدىغان، «زەيتۇن دەرەخ» دەپ كۆرسىتىلگەن ئىككى پەيغەمبەر توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشنىڭ مۇشۇ بەشىنچى كۆرۈنۈش بىلەن نۇرغۇن ئورتاق ياكى ئوخشاش يەرلىرى بار.

## يەتكۈزۈلگەن خەۋەر - (6-10-ئايەت)

ھازىر زەرۇببابەلنىڭ ئۆلۈغ ۋەزىپىسىگە ئۆتەيلى. كۆرۈنۈشكە ئاساسەن، ئىككى «زەيتۇن دەرىخى» زەرۇببابەلنىڭ ئىبادەتخانا قۇرۇش جاپالىق ۋەزىپىسىدە ئۇنى رىغبەتلەندۈرمەكتە: —

«ئاندىن ئۇ ماڭا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «مانا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ زەرۇببابەلگە قىلغان سۆزى: «ئىش كۈچ-قۇدرەت بىلەن ئەمەس، ئىقتىدار بىلەن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ روھىم ئارقىلىق پۈتىدۇ! — دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار».

«كۈچ-قۇدرەت» دېگەن سۆز (ئىبرانىي تىلدا «قايىل») ئادەتتە قوشۇننىڭ ياكى كوللېكتىپنىڭ قۇدرىتىنى، «ئىقتىدار» دېگەن سۆز (ئىبرانىي تىلدا «كوئاق») ئادەتتە يالغۇز بىر شەخسنىڭ كۈچىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جېكلەش سۆزى زەرۇببابەلنىڭ ئىبادەتخانىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىگىلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ خىزمىتىگە باغلىق بارلىق ئىشلىرىغا مۇتلەق ھالقىلىق ۋە زۆرۈر ھەقىقەتتۇر. يالغۇز ئىنسانىي كۈچ-قۇدرەت ياكى قابىلىيەت خۇدانىڭ ئىشلىرىدا ھېچنېمىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ؛ پەقەت خۇدانىڭ ئۆزىگە «مېنىڭ روھىم ئارقىلىق» تايىنىشلا ئەبەدىي نەتىجىلەرنى چىقىرىدۇ-دە، «ئىش پۈتىدۇ» («يۇھ.» 5:15، «1كور.» 2:1-5، «فىل.» 3:3). كۆپ ئادەملەر ئۆز قابىلىيىتى ۋە مۇيەپپەقىيەتلىرى توغرۇلۇق ماختىنىپ يۈ ئاتىدىغان مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلىسەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

ھاگاي پەيغەمبەرمۇ خەلقنى شۇنداق رىغبەتلەندۈرگەن: —

«ئى زەرۇببابەل، جاسارەتلىك بول؛ ۋە زېمىندىكى بارلىق خەلق، جاسارەتلىك بولۇڭلار... ھەم ئىشلەڭلار، چۈنكى مەن سىلەر بىلەن

بىللىدۇرمەن» ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ــ مىسردىن چىققان ۋاقتىڭلاردا سىلەرگە ئەھدە قىلغان سۆزۈم ۋە مېنىڭ روھىم ئاراڭلاردا تۇرۇپ كەلدى؛ ھەرگىز قورقماڭلار» («ھاگ.» 4:2-5).

بۇ سۆزنىڭ ئۆزى پەرۋەردىگار «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ بىرى، يەنى يەشايا ئارقىلىق يەتكۈزگەن ئۇلۇغ بىر بېشارەتكە ئاساس قىلىنغان: ــ

«مانا، مېنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان ئەھدەم شۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار

ــ

«سېنىڭ ئۈستۈڭگە قونۇپ تۇرغان مېنىڭ روھىم، شۇنداقلا مەن سېنىڭ ئاغزىڭغا قويغان سۆز-كالامىم بولسا،

بۈنىڭدىن باشلاپ ئەبەدىلئەبەدگىچە ئۆز ئاغزىڭدىن، نەسلىڭنىڭ ئاغزىدىن ياكى نەسلىڭنىڭ نەسلىنىڭ ئاغزىدىن ھەرگىز چۈشمەيدۇ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار» («يەش.» 21:59).

7-ئايەت: «ــ ئى بۈيۈك تاغ، سەن زادى كىم؟ زەرۇببابەل ئالدىدا سەن تۈزلەڭلىك بولىسەن؛ ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە جىپسىما تاشنى قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: «ئىلتىپاتلىق بولسۇن! ئىلتىپات ئۇنىڭغا!» دېگەن تووۋلاشلار ياڭراپ ئاڭلىنىدۇ».

پەقەت خۇدانىڭ روھىغىلا تايىنىپ، «بۈيۈك تاغ»، يەنى قۇرۇلۇشنى توسىدىغان تاغدەك كۆتۈرۈلگەن زور قىيىنچىلىقلار زەرۇببابەل ئالدىدا «تۈزلەڭلىك»كە ئايلىنىدۇ («يەش.» 4:40). ئۇن بەش يىل ئىلگىرى ھەم تەنتەنىلىك تووۋلاشلار ھەم يىغا-زارلار ئىچىدە ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلىنى سالغان زەرۇببابەل («ئەزرا» 8:3، 13) ئىبادەتخانىدىكى ئاخىرقى تاشنى، يەنى «جىپسىما تاش»نى تەنتەنىلىك ۋە شاد-خۇراملىق بىلەن ئاپىرىن ئېيتقان تووۋلاشلىرى ئىچىدە: «ئىلتىپاتلىق بولسۇن! ئىلتىپات ئۇنىڭغا!» دەپ، ئىبادەتخانىنى پۈتكۈزۈپ چىقىدۇ.

بېشارەت بويىچە، گەرچە شۇ تاش ئىنتايىن ئېغىر بولسىمۇ، ئۇ ھېچ ياردەمسىز يالغۇز كۆتۈرەلەيدۇ!

بۇ ئىش تۆت يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى («ئەزرا» 14:6، 15).

8ـ10ـئايەتلەردە سۆزلىگۈچىنى پەرۋەردىگار (ياھۋەھ)نىڭ ئۆزى، دەپ بايقايمىز. بىراق 9ـئايەتتە سۆزلىگۈچى «شۇنىڭ بىلەن سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر» دەيدۇ. دېمەك، 9ـئايەتتە سۆزلىگۈچى «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»دۇر؛ يۇقىرىدا 2ـبابنى سۆزلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ پەرۋەردىگار بىلەن بىر ئىكەنلىكى توغرۇلۇق توختالدۇق.

ئاخىرىدا سۇلايمان قۇرغان ھەيۋەتلەك ئىبادەتخانىنى كۆرگەنلەر رىغبەتلەندۈرۈلسۇن دەپ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرىنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى سۆزلەرمۇ ئېيتىلىدۇ: —

«كىم ئەمدى مۇشۇ «كىچىك ئىشلار بولغان كۈن»نى كۆزگە ئىلمىسۇن؟ چۈنكى بۇلار شادلىنىدۇ، ــ بەرھەق، بۇ «يەتتە» شادلىنىدۇ، ــ زەرۇببابەلنىڭ قولى تۇتقان تىك ئۆلچەم تېشىنى كۆرگەندە شادلىنىدۇ؛ بۇ «يەتتە» بولسا پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىگە سەپسېلىپ قاراۋاتقان كۆزلىرىدۇر» (10ـئايەت).

(«ھاگ.» 1:2ـ4 ھەققىدە توختالغانلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ).

بۇ ئادەمنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان، پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن قارىشىمىزغا ئىنتايىن ئەرزىيدىغان بىر باياندۇر. پۈتكۈل ئالەمنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى كۆزىتىپ يۈرىدىغان «پەرۋەردىگارنىڭ كۆزلىرى» (يەنى «تاش»نىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان «يەتتە كۆز») شۇ ۋاقىتتا ئىبادەتخانىنىڭ بارلىق نەرسىلىرى رەۋس تىكلەنسۇن دەپ زەرۇببابەلنىڭ قولىدىكى بىر تال تانا ۋە ئاستىدىكى كىچىككىنە بىر «ئۆلچەم تېشى»گە قارىتىلغاندۇر. بۇ سۆزلەر بىزگە خۇداغا نىسبەتەن ئىبادەتخانىنىڭ رەۋس سېلىنىشىنىڭ شۇ چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە قاراتقان ئۇلۇغ نىجاتلىق پىلانىنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىز «ھاگاي»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە شۇ توغرۇلۇق ئازراق سۆزلىدۇق. ئىبادەتخانىدىكى بۇ بارلىق ئىشلار خۇدانىڭ مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە قارىتىلغان پىلانىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

زەرۇببابەل بولسا ھەم مەسىھنىڭ ئەجدادى ھەم ئۇنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدىغان «بېشارەتلىك شەخس» ئىدى. زەرۇببابەل ئىبادەتخانىنى قۇرۇۋاتقىنىدا، ئۇ مەسىھنىڭ

خۇدانىڭ ھازىرقى ئۇلۇغ روھىي ئىبادەتخانىسىنى قۇرۇۋاتقىنىنى ئالدىنالا كۆرسىتىدۇ. شۇ ئىش ھازىر خۇدا ئالدىدا پۈتكۈل دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم ۋە ئۇلۇغ ئىش، شۇنداقلا خۇدانىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قاراتقان ئۇلۇغ پىلانىنىڭ مەركىزىدۇر. ئەرشتىكى بارلىق كۆزلەر مەسىھنىڭ ئۆز جامائىتىدىكىلەرگە يۈرگۈزگەن ئىشلىرىغا تىكىلمەكتە. زەكەرىيا «تىك ئۆلچەم تېشى»نى ئىشلىتىپ ئىبادەتخانىنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى رۇس تىكلىگەندەك، مەسىھمۇ ھازىر خۇدانىڭ روھىي ئۆيى ئىچىدىكى بارلىق ئىشلارنى دۇرۇس قىلىپ تۈزۈتۈۋاتماقتا. «ھاگاي» ۋە «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»لەردە ئېيتقىنىمىزدەك، مەسىھنىڭ جامائىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۆسۈشى پۈتكۈل ئالەمدە يۈز بېرىۋاتقان ھەرقانداق ئىشلاردىنمۇ مۇھىمدۇر. مەسىھنىڭ جامائىتى خۇدانىڭ دۇنيانى يارىتىشىنىڭ مەقسىتى ۋە نىشانى بولۇپ، ئۇنىڭ يارىتىشىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر («ئەف.» 1:3-10، 22-23، 2:10، 19-22، 1:3-11، 21). مەسىھمۇ «تەنتەنىلىك ۋە شاد-خۇراملىق توۋلاشلىرى ئارىسىدا»، «ئىلتىپاتلىق بولسۇن! ئىلتىپات ئۇنىڭغا!» دەپ، ئالەمنىڭ بارلىق بىنا-ئىمارەتلىرىنىڭ ئىچىدىن مۇشۇ ئەڭ ئۇلۇغىنى مۇكەممەل بىر پۈتۈنلۈككە كەلتۈرىدۇ.

## ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى غايىبانە كۆرۈنۈشلەر
## ئارقا كۆرۈنۈشى

ئاۋۋالقى بەش كۆرۈنۈش خۇدانىڭ ئىسرائىلغا قاراتقان شەرەپلىك ۋە ئۆزگەرمەس مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى ئايان قىلىپ، ئۆز خەلقىنى تولۇق رىغبەت ۋە ئۈمىد بىلەن تولدۇرۇلدى. ھالبۇكى، شۇ مەقسەتلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە، ئىسرائىل زېمىنى ۋە خەلقى «ھەرقانداق ھارام نەرسە ۋە ھەرقانداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلغۇچى ياكى يالغانچىلىق قىلغۇچى» ئامىلدىن پاكلاندۇرۇلۇشى كېرەك («ۋەھ.» 27:21، 15:22). ھازىر بىز كۆرمەكچى بولغان ئىككى ئاگاھلىق كۆرۈنۈشىنىڭ ئەھمىيىتى مانا شۇدۇر.

خۇدانىڭ گۇناھنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىككى يولى بار؛ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ مۇتلەق مۇقەددەس ۋە ھەققانىي خاراكتېرىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. بىرىنچىسى ئۇنىڭ ئۆزى سۆيۈندىغان يولى ــ مېھىر-شەپقەت يولىدۇر. بۇ يولنى بىز 3-بابتا كۆردۇق. خۇدا باش كاھىن يەشۇئانىڭ پاسكىنا كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا كاھىنلىق شەرەپلىك كىيىمنى كىيگۈزىدۇ. خۇدانىڭ بۇنداق رەھىمدىللىقى ۋە مەغپىرىتى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ «ھەققانىي قۇلى» بولغان «شاخ»نىڭ مۇكەممەل ھەققانىيلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تولۇق «گۇناھ قۇربانلىقى»نى ئاساس قىلغان؛ شۇ قۇربانلىقا ئاساسەن «بۇ زېمىننىڭ قەبىھلىكى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلىنىدۇ».

ئەمما ئۆز رەزىللىكى ئىچىدە جاھىللىق بىلەن تۇرىۋېرىدىغان، خۇدانىڭ شاپائىتىگە ھېچ قارىماي «يەنىلا ھەققانىيلىقنى ئۆگەنمەيدىغان»، بەلكى ھەتتا «توغرىلىق تۇرغان زېمىندىمۇ (مەسىھنىڭ زېمىنى شۇ چاغدا شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ) «يەنىلا ئادىلسىزلىق قىلىۋېرىدىغان، شۇنداقلا پەرۋەردىگارنىڭ شانۇ-شەۋكىتىنى كۆرمەيدىغان»لار («يەش.» 10:26) قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟ خۇدانىڭ ئۇنداق ئادەملەرگە تۇتقان يولى بولسا، ھۆكۈم چىقىرىپ تازىلاش جازاسىدۇر. نېمىلا بولمىسۇن گۇناھ خۇدانىڭ ئالدىدا قەتئىي تازىلىنىشى كېرەك، شۇنداقلا خۇدانىڭ خەلقى ئارىسىدىن يوقىتىلىشى كېرەك. گۇناھكار ئادەم ئۆز گۇناھىغا ئايرىلالمايدىغان دەرىجىدە باغلانغان بولسا، خۇدانىڭ لەنىتىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ «يەر يۈزىدىن تازىلاپ تاشلىنىشى» كېرەك. قىسقىسى، 5-بابتىكى ئىككى غايىبانە كۆرۈنۈش بىزگە ئاۋۋالقى كۆرۈنۈشلەردە ئايان قىلىنغان ھەقىقەتكە تولۇقلىما بولغان بىر ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىككى كۆرۈنۈش بىزگە نىسبەتەن خۇدادىن كەچۈرۈم-مەغپىرەت بولىسىمۇ، ئىنسانلار گۇناھقا پىنىكلىك بىلەن قارىماسلىقى، ئەكسىچە خۇدادىن قورقۇشى لازىم، دەپ ئۆگىتىدۇ («زەب.» 4:130). ئۇلار يەنە شۇنداق خەۋەر يەتكۈزىدۇكى، ئاۋۋالقى بەش كۆرۈنۈشتىكى شەرەپلىك ئىشلار ئاخىرىدا پۈتۈنلەي بارلىققا كەلگۈچە، ئارىلىقتا قاراڭغۇلۇق، زۇلمەتلىك، بۇزۇقلۇق ۋە ھەتتا دۇنياۋى ئاسىيلىقنىڭ بىر مەركىزى قىسىلىپ كىرىشى مۇقەررەر، دەپ ئايان قىلىدۇ.

## ئالتىنچى غايىبانە كۆرۈنۈش - ئۇچار ئورام يازما (5:1-4)

«ئاندىن مەن يەنە بېشىمنى كۆتۈرۈپ، مانا بىر ئۇچار ئورام يازمىنى كۆردۈم. ئۇ مەندىن: «نېمىنى كۆردۈڭ؟» دەپ سورىدى. مەن: «بىر ئۇچار ئورام يازمىنى كۆردۈم؛ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى ئون گەز ئىكەن» ــ دېدىم.

ئۇ ماڭا: «بۇ بولسا پۈتۈن زېمىن ئۈستىگە چىقىرىلغان لەنەتتۇر؛ چۈنكى ھەربىر ئوغرىلىق قىلغۇچى بۇ تەرىپىگە يېزىلغىنى بويىچە ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ؛ ۋە قەسەم ئىچكۈچىلەرنىڭ ھەربىرى ئۇ تەرىپىگە يېزىلغىنى بويىچە ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ».

ــ «مەن بۇ يازمىنى چىقىرىمەن» ـ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، «ۋە ئۇ ئوغرىنىڭ ئۆيىگە ھەمدە نامىم بىلەن يالغاندىن قەسەم ئىچكۈچىنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ ۋە شۇ ئۆيدە قونۇپ ئۇنى ياغاچ-تاشلىرى بىلەن قوشۇپلا يەۋېتىدۇ».

پەيغەمبەر ئاۋۋالقى بەش ئاجايىب كۆرۈنۈش ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن بولسا كېرەك؛ ئۇ مەلۇم سەۋەبتىن تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، «ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى ئون گەز بولغان» ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان ئورام يازمىنى كۆرىدۇ.

بۇ غەلىتە كۆرۈنۈش توغرۇلۇق كۆڭلىدە چوقۇم بىر سوئال پەيدا بولغان بولسا كېرەك. بۇ سوئالغا جاۋابەن تەبىر بەرگۈچى پەرىشتە ئۇنىڭغا: «بۇ بولسا پۈتۈن زېمىن ئۈستىگە چىقىرىلغان لەنەتتۇر»، دەيدۇ.

مۇقەددەس يازمىلاردا «ئورام يازما» (ئىبرانىي تىلىدا «مەگىللاھ») سىمۋول قىلىنسا كۆپ يەرلەردە خۇدانىڭ ئىنسانغا تاپشۇرماقچى بولغان ئىنتايىن مۇھىم بىر خەۋىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن «ئەز.» 2:9-10دە ــ

«مەن قارىسام، مانا ماڭا سوزۇلغان بىر قول تۇرۇپتۇ؛ ۋە مانا، ئۇنىڭدا بىر ئورام يازما تۇرۇپتۇ. ئۇ كۆز ئالدىمدا ئۇنى ئېچىپ قويدى؛ ئۇنىڭ ئالدى-كەينىنىڭ ھەممە يېرىگە خەت يېزىلغانىدى؛ ئۇنىڭغا يېزىلغانلىرى بولسا مەرسىيە، ماتەم سۆزلىرى ۋە دەرد-ئەلەملەردىن ئىبارەت ئىدى».

ئەزاكىيال پەيغەمبەر كۆرگەن مۇشۇ «ئورام يازما»نىڭ مەزمۇنىنىڭ زەكەرىيانىڭ كۆرگىنى بىلەن كۆپ ئورتاق يەرلىرى باردۇر.

زەكەرىيا كۆرگەن «ئورام يازما»مۇ يېيىلغان بولسا كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى-كەڭلىكىنى كۆرگىلى بولمايتتى؛ ئۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا «بۇ تەرىپىگە ۋە ئۇ تەرىپىگە يېزىلغان»؛ ئۇ شۇ تەرەپتىن مۇقەددەس قانۇندىكى «ئون پەرمان» خاتىرىلەنگەن تاش تاختايلارغا ئوخشاش ئىدى؛ چۈنكى تاختايلارنى تەسۋىرلەشكىمۇ ئوخشاش سۆزلەر ئىشلىتىلگەن («مىس.» 15:32).

ئورام يازمىغا نېمە پۈتۈلگىنىنى «بۇ پۈتۈن زېمىن ئۈستىگە چىقىرىلغان لەنەتتۇر» دېگەن سۆزلەردىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇ مۇسا پەيغەمبەر ئەسلىدە («قان.» 15:28-68دە) ئىسرائىللارغا، ئىتائەتسىزلىك قىلساڭلار مۇشۇ پاجىئەلىك ئىشلار بېشىڭلارغا چۈشىدۇ، دەپ ئالدىنئالا كۆرسەتكەن لەنەتلەر بولۇشى مۇمكىن؛ مۇشۇ ئىشلار «قان.» 1:30دە «بىرلا لەنەت» دەپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما ئالدى-كەينى سۆزلەرگە قارىغاندا مۇشۇ يەردىكى «لەنەت» دېگەن سۆز ئومۇمەن مۇقەددەس قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشتىن چىققان لەنەتنى كۆرسىتىشى تېخىمۇ مۇمكىن. بۇ لەنەت بىرلا جۈملىدە خۇلاسىلىنىدۇ: —

«كىمكى بۇ قانۇننىڭ سۆزلىرىنى تۇتماي، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى رەت قىلسا لەنەتكە قالسۇن» ياكى باشقا بىرخىل شەكىلدە: «تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغان ھەممە ئەمرلەرگە ئۈزلۈكسىز ئەمەل قىلمىغان ھەربىر كىشى لەنەتكە قالىدۇ» «قان.» 26:27، «گال.» 10:3).

مۇشۇ ئايەتلەردە نېمشقا پەقەت ئىككى خىل گۇناھ، يەنى (1) يالغاندىن قەسەم قىلىش، خۇدانىڭ نامىنى ئورۇنسىز ئىشلىتىش؛ (2) ئوغرىلىق قىلىش تىلغا ئېلىنىدۇ؟ شۇلارنى سادىر قىلغۇچىلار لەنەت تەرىپىدىن قوغلاپ ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل گۇناھ خۇدانىڭ «ئون پەرمانى»غا خىلاپلىق ئىشلارغا ۋەكىل بولسا كېرەك. بىر گۇناھ بولسا (خۇدانىڭ نامىنى ئىشلىتىپ يالغان قەسەم قىلىش) ئىنساننىڭ خۇداغا بولغان بۇرچىغا خىلاپلىق قىلىش؛ ئىككىنچى گۇناھ (ئوغرىلىق) ئىنساننىڭ قوشنىسىغا بولغان بۇرچىغا خىلاپلىق قىلىش. بىرىنچى گۇناھ بولسا، «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن» دېگەن «ئەڭ ئۇلۇغ، بىرىنچى ئورۇندا

تۆردىغان ئەمر»گە خىلاپلىق قىلىشتۇر؛ ئىككىنچى گۇناھ بولسا «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي» دېگەن ئىككىنچى ئۇلۇغ ئەمرگە خىلاپلىق قىلىشتۇر («مات.» 22:35-40).

خۇدا ئەۋەتكەن، ئۆز لەنتىنى ئېلىپ كېلىدىغان شۇ «ئورام يازما» تېز سۇرئەتتە «ئۇچىدۇ». نېمىشقا شۇنچە تېز ماڭىدۇ؟ بۇ ھەممىمىزگە شۇنى ئايان قىلىدۇكى، خۇدا بېكىتكەن ۋاقىت-سائىتى كېلىپ، گۇناھنىڭ ئۇستىگە جازا چۈشۈرىمەن دېگىنىدىلا، شۇ چاغدا جازالار رەزىللەرنىڭ بېشىغا ئىنتايىن تېز چۈشىدۇ.

بەزى ئالىملار مۇشۇ يەردە «زىمىن»نى «(پۈتكۈل) يەر يۈزى» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ؛ لېكىن ئالتىنچى كۆرۈنۈشنى تولۇقلىغۇچى بولغان يەتتىنچى كۆرۈنۈشتىكى سۆزلەرگە قارىغاندا، «مۇقەددەس زىمىن»، پەلەستىننى كۆرستىشى كېرەك.

ئورام يازمىنىڭ كۆلىمىگە پەيغەمبەرنىڭ ئالاھىدە نەزىرى چۈشىدۇ. ئۇلار شەك-شۈبھىسىزكى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇچار يازمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى ئون گەز ئىدى؛ بۇ (ئا) سۇلايمان قۇرغان مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىنقى پېشايۋانىنىڭ («1پاد.» 3:6) ۋە (ئە) قەدىمكى مۇقەددەس چېدىرنىڭ «مۇقەددەس جايى»نىڭ كۆلىمى بىلەن تەڭ.

ئورام يازمىنىڭ خۇدانىڭ ئۆيى بىلەن بولغان بۇ مۇناسىۋىتى ئىككى باشقا بېشارەتنى بىزنىڭ ئېسىمىزگە كەلتۈرىدۇ: —

«چۈنكى سوراق ۋاقتىنىڭ باشلىنىدىغان ۋاقتى-سائىتى كەلدى؛ سوراق ئالدى بىلەن خۇدانىڭ ئۆيىدىكىلەردىن باشلىنىدۇ؛ ۋە ئەگەر بىز بىلەن باشلانسا، ئۇ ھالدا خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار؟» («1پېت.» 4:17)

«يەر يۈزىدىكى بارلىق جەمەتلەر ئارىسىدىن پەقەت سىلەرنى (ئىسرائىللارنى) تونۇپ كەلدىم؛

شۇڭا ئۇستۇڭلارغا بارلىق قەبىھلىكلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى چۈشۈرىمەن» («ئاموس» 3:2).

ئاموس پەيغەمبەر ۋە روسۇل پېترۇس كۆرسەتكەن بۇ پرىنسىپقا قارىغاندا، خۇدا ئەللەرنىڭ ئۇستىگە ھۆكۈم چىقارغاندا، شۇ ئىشنى ئىسرائىل («ئۆز ئۆيى») بىلەن باشلايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇقەددەس يازمىلاردا ئىشلىتىلگەن كۆپ سىمۋوللار سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەسلىدىكى «مۇقەددەس چېدىر»دىن ئېلىنىدۇ. «زەكەرىيا»دىكى بەشىنچى كۆرۈنۈشتە بايان قىلىنغان چىراغدانىنىڭ كۆپ جەھەتلىرى مۇقەددەس چېدىرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا «ئۇچار ئورام يازما»نىڭ ئۆلچەملىرىنى دەل مۇقەددەس چېدىرنىڭ «مۇقەددەس جاي»ىدىن ئېلىنغان، دەپ ئىشىنىمىز (بۇ ئۆلچەملەرنى «مىسىردىن چىقىش» 26-بابتىن ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ). ئەمدى خۇدانىڭ لەنىتىنى ئېلىپ كېلىدىغان «ئۇچار ئورام يازما»نىڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرى نېمىشقا «مۇقەددەس جاي»دىن ئېلىنغان، دەپ سورىساق، جاۋاب دەل شۇ بولۇش كېرەككى، خۇدانىڭ بارلىق جازالىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى «خۇدا جازالىرىنى «مۇقەددەس جايدىكى ئۆلچەم بويىچە» يۈرگۈزىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئىسرائىلدا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق تارازا تاشلىرى، ئېغىرلىق بىرلىكى، ھەجىم ۋە ئۇزۇنلۇق بىرلىكىنى بېكىتىش ياكى تەستىقلاش ئۈچۈن خۇدانىڭ ئۆيىدە، پەقەت كاھىنلار كىرىدىغان «مۇقەددەس جاي»دىلا بىرنەچچە ئۆزگەرمەس ئۆلچەملەر ساقلىناتتى. بارلىق سودا-سېتىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملەر بۇلارنى ئاساس قىلىشى كېرەك؛ ئۆلچەش ئىشلىرىدا بىرەر جېدەل-ماجىرا چىققان بولسا ھاكىملار تالاش-تارتىش قىلىنغان ئۆلچەمنى «مۇقەددەس جايدىكى ئۆلچەم» بىلەن سېلىشتۇرسىلا تالاشقۇدەك ئىش قالمايتتى («مىساللار» «مىس.» 13:30، 24، «لاۋ.» 15:5، «چۆل.» 47:3دىن كۆرۈلىدۇ).

ئەمدى خۇدانىڭ چىقىرىدىغان ھۆكۈملىرىگە ئۆتەيلى. ئادەملەر ئۆزىگە ياكى ئىشلىرىغا باھا بەرگەندە ھەردائىم ئۆزلىرىنى باشقىلار بىلەن، ئىشلىرىنى باشقىلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ: — «مەن ئۇنىڭدەك ئەسكى ئەمەس»؛ «مەن باشقىلاردىن كۆپ ياخشىدۇرمەن»؛ «مەن ئۇ قىلغاندەك رەزىل ئىش قىلمايمەن»، «مەن خېلى ياخشى ئادەم» ۋەھاكازا دەيدۇ. ئەمما خۇدانىڭ جازالىرى ئۇنداق ئۆلچەملەر بىلەن يۈرگۈزۈلمەيدۇ! ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇلغانغان ئۆلچەملىرىمىز بىلەن ئەمەس، خۇدانىڭ ئۆزگەرمەس پاك-مۇقەددەسلىكى ۋە مۇتلەق ھەققانىيلىقى بىلەن ئۆلچەنسەك ئاقىۋىتىمىز قانداق بولار؟! يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگىنىمىزدەك، كۆزلىرى خۇدانىڭ مۇتلەق ھەققانىيلىقىغا ئېچىلغان

ھەربىر ئادەم چىن ۋۇجۇددىن: «قىلغۇاتقان بارلىق «ھەققانىيەتلىرىمىز» بولسا بىر ئەۋرەت لاتىسىغىلا ئوخشايدۇ، خالاس!» دەپ پەرياد كۆتۈرىدۇ («يەش.» 6:64، «1سام.» 3:2، «ئايۇپ» 42:5-6).

ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇدانىڭ ئۆز قانۇنىدىكى قايسى ئۇلۇغ ئەمر-نىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈم-جازالىرىمۇ دەل خىلاپلىق قىلىنغان ئەمرگە ئاساسەن ئۆلچىنىدۇ: – «ھەربىر ئوغرىلىق قىلغۇچى بۇ تەرىپىگە يېزىلغىنى بويىچە ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» ۋە «قەسەم ئىچكۈچىلەرنىڭ ھەربىرى شۇ تەرىپىگە يېزىلغىنى بويىچە ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» دېيىلگەندەك.

ئىبرانىي تىلىدا «ئۈزۈپ تاشلىنىش» («نىككاھ» دېگەن پېئىل) ئادەتتە ئىنتايىن يىرگىنچلىك، نىجىس بىر نەرسىنى تازىلاپ تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ؛ مۇقەددەس يازمىلاردىكى كۆپ يەرلەردە ئۇ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىپ، مەلۇم كىشىنىڭ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بىلدۈرىدۇ.

4-ئايەت بىزگە خۇدانىڭ گۇناھقا قاراتقان لەنىتىنىڭ چۈشۈرۈلۈشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ھەم دەھشەتلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ: –

«مەن بۇنى چىقىرىمەن» – بۇ سۆزگە قارىغاندا، خۇدانىڭ رەزىللىككە چۈشۈرىدىغان ھۆكۈم-جازالىرىنى ئېلىپ كېلىدىغان، قىيامەت كۈنىگە تەييارلانغان شۇ لەنەت ھازىر خەزىنىسىدە ساقلاقلىق تۇرىدۇ.

– «ۋە ئۇ ئوغرىنىڭ ئۆيىگە ۋە مېنىڭ نامىم بىلەن يالغاندىن قەسەم ئىچكۈچىنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ».

ئورغۇن كىشىلەر ئۆز گۇناھلىرىنىڭ پاش قىلىنىپ، قوشنىلىرى تەرىپىدىن جازالىنىشىدىن قېچىپ كەلگەن بولسىمۇ بەرىبىر خۇدادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. «شۇنى ئوبدان بىلىشىڭلار كېرەككى، گۇناھىڭلار ئۆزۈڭلارنى قوغلاپ بېشىڭلارغا چۈشىدۇ» («چۆل.» 32:23).

لەنەت «ئۆيىگە كىرىدۇ» – گەرچە كۆپ ئادەملەر خۇدانىڭ جازالىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرالايمەن دەپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھەتتا ئېگىز سېپىللار ۋە تۆمۈر دەرۋازىلارمۇ ئۇنىڭ ئادالىتىگە ھېچ توسالغۇ بولالمايدۇ.

«شۇنىڭ بىلەن ئۇ (لەنەت) ئۆيدە قونۇپ...».

«قونماق») («كېچىلمەك») دېگەن پېئىل بىزگە خۇدا ئەۋەتكەن ھۆكۈم-جازالىرى ۋاقىتلىق، تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر ئىش ئەمەس، بەلكى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە بېجىرىلىدۇ، دەپ ئەسكەرتىدۇ.

خۇدا تارىختا كۆپلىگەن ۋەقەلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئۆز جازالىرىنى ئېنىق كۆرسىتىدىغان مىساللارنى كۆرسەتكەن؛ مەسىلەن، نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى توپان («يار.» 7-باب)، سودوم ۋە گومورراھ شەھەرلىرىگە چۈشۈرۈلگەن ئوت («يار.» 19-باب)، ئېتىقادچىلار جامائىتىدە ئانانىيا ۋە سافىرانىڭ ئۆلۈشى («روس.» 1:5-11) – لېكىن بۇ جازالار ئۇنىڭ ئاخىردا گۇناھنى سۆيىدىغانلارنىڭ بېشىغا ياغدۇرىدىغان دەھشەتلىك بوران-چاپقۇنىنىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە تامچىلىرى، خالاس، دېگىلى بولىدۇ.

ئاندىن لەنەت «ئۇنى (ئۆيىنى) ياغاچ-تاشلىرى بىلەن قوشۇپلا يەۋېتىدۇ» – بۇ يەردە گۇناھتىن ئۆز بېشىغا چۈشىدىغان جازانىڭ دەھشەتلىكىنى كۆرىمىز. گۇناھقا باغلانغان ھەربىر كىشى ۋە نەرسە مۇتلەق «ئۇزۇپ تاشلىنىدۇ» ياكى «تازىلاپ تاشلىنىدۇ». خۇداغا تەۋە بولغانلار ئارىسىدا ھېچقانداق ناپاك ياكى رەزىل ئىش قالمايدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى «لاۋ.» 45:14دىكى كۆرسەتمىنى بىزگە ئەسلىتىدۇ. شۇ يەردە «پېسە-ماخاۋ كېسىلى باسقان ئۆي»نى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلىدۇ: – «بۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئۆيىنى، يەنى ياغاچ-تاش ۋە بارلىق سۇۋىقى بىلەن بىللە چۈشۈرۈپ، ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ناپاك بىر جايغا تاشلىۋەتسۇن». ئەمدى «پېسە-ماخاۋ كېسىلى» ئادەملەرنىڭ تېنى ۋە ئۆيلىرىنى قانداق بۇزىۋەتكەن بولسا، گۇناھمۇ يانىي ۋە باقىي دۇنيادا ئادەملەرنىڭ روھ-قەلبىگە شۇنداق زىيان-زەخمەتنى يەتكۈزىدۇ. مۇشۇ لەنەت ئاقىۋىتىدىن بىردىنبىر قېچىپ قۇتۇلۇش يولى خۇدانىڭ غەزىپىدىن بىز ۋە گۇناھلىرىمىز بىلەن قوشۇلۇپ «تازىلىنىپ تاشلىنىش»ىمىزنىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭ بىزنى گۇناھلىرىمىزدىن تازىلىشىدۇر. خۇداغا مىڭ تەشەككۈر! شۇ تازىلىنىش مەسىھنىڭ يارىلىرى ئارقىلىق ئېچىلغان شەپقەت-مەغپىرەت بۇلىقىدا بولۇپ، بۈگۈن ھەممىمىزگە قولىمىز يەتكۈدەك يېقىن تۇرۇپتۇ.

«ھالبۇكى، مەسىھ بىزنى تەۋرات قانۇنىدىكى لەنەتتىن قۇتۇلدۇرۇش

ئۆچۈن ئورنىمىزدا لەنەت بولۇپ بەدەل تۆلىدى. بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلاردا: «ياغاچقا ئېسىلغان ھەرقانداق كىشى لەنەتكە قالغان ھېسابلانسۇن» دەپ يېزىلغان» دېيەلەيدىغانلار نېمىدېگەن بەختلىكتۇر («گال.» 13:3، «قان.» 24:21).

بېشارەت توغرۇلۇق يەنە بىر سۆز قالدى. بېشارەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش بىرىنچىدىن زەكەرىيانىڭ دەۋرىدىكىلەرگە بېرىلدى؛ ئاگاھلاندۇرۇش باشقا شەكىلدە 15:8-17دە قايتىلىنىدۇ. سۇرگۈنلۈكتىن قايتقان خۇدانىڭ «قالدى»سى ئىشەنچ-ئېتىقاد بىلەن خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن قۇرۇۋاتاتتى، خۇدا ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتاتتى. ئۇلار بۇ ياخشى باشلىنىشتىن ۋاز كەچمەي، شۇ يولدا داۋاملىق مېڭىۋېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئىككىنچى دەۋرگە كەلگەندە، مالاكى پەيغەمبەر يەنە ئۇلارنى دەل بىرخىل ئوغرىلىق بىلەن، يەنى خۇداغا ئاتاش كېرەك بولغان ئۆشرىلەر ۋە ھەدىيەلەرنى ئاياپ بەرمەيدىغىنى ئۈچۈن ئەيىبلەيدۇ («مال.» 3:8-9). شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە خۇدانىڭ ھۆكۈم-جازالىرى ئاستىدا قالىدۇ.

مەزكۇر بېشارەت خۇدانىڭ نامىغا نىدا قىلغان بارلىق ئادەملەرگە باغلىقتۇر؛ ھالبۇكى، بېشارەتنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئاخىرقى زاماندا، مەسىھىيلەر (ئەيسا مەسىھنى رەب دەپ ئېتىراپ قىلغۇچىلار) ھەم يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئېتىقادتىن «چوڭ يېنىش» (يەنى، ئىنتايىن نومۇسسىز ھالدا ئېتىقاد يولىدىن چەتلىنىپ كېتىش) بىلەن («2تېس.» 3:2-12، «1تىم» 1:4-3) ۋە شۇنداقلا قەبىھلىك-رەزىللىكنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن بولىدۇ. ئۆزلىرىنى «خۇدانىڭ خەلقى» دەپ ھېسابلىغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھالىتى شۇ چاغدا مۇنداق بولىدۇ: —

«پەرۋەردىگارغا ئىتائەتسىزلىك قىلماقتا، ۋاپاسىزلىق قىلماقتا،
ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرمەكتە،
زۇلۇمنى ھەم ئاسىيلىقنى تەرغىب قىلماقتا،
يالغان سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ، ئىچ-ئىچىدىن سۆزلىمەكتە» دېگەندەك بولىدۇ («يەش.» 13:59).

شۇ چاغدا ئاخىرقى ئايرىلىش ياكى تازىلىنىش بولىدۇ، «رەزىللەر سوراق كۈنىدە تىك تۇرالمايدۇ،

گۇناھكارلار ھەققانىيلارنىڭ جامائىتىدە ھېچ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ» («زەب.» 5:1)، بارلىق گۇناھلار «مۇقەددەس زېمىن»دىن، شۇنداقلا «پۈتكۈل يەر يۈزىدىن» تازىلىنىدۇ («زەك.» 12:2).

## يەتتىنچى غايىبانە كۆرۈنۈش - سېۋەتتە ئولتۇرغان ئايال - «رەزىللىك» (5:5-11)

«ئاندىن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە چىقىپ ماڭا: «ئەمدى بېشىڭنى كۆتۈرگىن، نېمىنىڭ چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ باق» ــ دېدى.
مەن: «ئۇ نېمە؟» ــ دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ چىقىۋاتقان «ئەفاھ» سېۋىتىدۇر»، ۋە: «بۇ بولسا شۇ رەزىللەرنىڭ پۈتۈن زېمىندىكى قىياپىتىدۇر» ــ دېدى.
ئەفاھ سېۋىتىنىڭ ئاغزىدىن دۈملاق بىر قوغۇشۇن كۆتۈرۈلدى، مانا، ئەفاھ سېۋىتى ئىچىدە بىر ئايال ئولتۇراتتى.
ئۇ: «بۇ بولسا، رەزىللىك»تۇر» ــ دەپ، ئۇنى ئەفاھ سېۋىتى ئىچىگە قايتۇرۇپ تاشلاپ، ئەفاھنىڭ ئاغزىغا ئېغىر قوغۇشۇننى تاشلاپ قويدى.
بېشىمنى كۆتۈرۈپ، مانا ئىككى ئايالنىڭ چىققانلىقىنى كۆردۈم؛ شامال ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى يەلپۈتۈپ تۇراتتى (ئۇلارنىڭ لەيلەكنىڭكىدەك قاناتلىرى بار ئىدى)؛ ئۇلار ئەفاھنى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆتۈردى. مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن: «ئۇلار ئەفاھنى نەگە كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ؟» - دەپ سورىدىم.
ئۇ ماڭا: ئۇلار ئەفاھ ئۈچۈن «شىنار زېمىنى»دا بىر ئۆي سېلىشقا كەتتى؛ ئۆي بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، ئەفاھ سېۋىتى شۇ يەردە ئۆز تۇرالغۇسىغا قويۇلىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى».

بىز ھازىر بەشىنچى بابتىكى ئىككى كۆرۈنۈشنىڭ سىرلىقراق بولغان ئىككىنچىسىنى كۆرەيلى.

بىز ئۇنىڭ تەبىرى ۋە مەنىسىنى «تولۇق چۈشىنىمىز» دېيەلمەيمىز (ئالىملارنىڭ ئۇ توغرۇلۇق پىكىرلىرىمۇ ھەرخىل بولۇپ كەلدى)، لېكىن ئۇنىڭغا «ئۇچۇر ئورام يازما»

كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭ قارىساق، ئۇ بىزنى خۇدانىڭ ھازىرقى زاماندا گۇناھنى قانداق بىر تەرەپ قىلىۋاتقىنى توغرۇلۇق كۆپرەك خەۋەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

بىرىنچى كۆرۈنۈش بولسا خۇدانىڭ ھەرتۈرلۈك گۇناھلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ جازالايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. شۇ جازالىرىنىڭ بەزىلىرى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن چۈشۈرۈلىدۇ، ئەمما ئاخىر بېرىپ بارلىق گۇناھلار مۇتلەق ۋە تولۇق جازالىنىدۇ. ئەمدى قىيامەت كۈنىگىچە ئارىلىقتا قانداق بولىدۇ؟ بۇ تېما بىزچە يەتتىنچى كۆرۈنۈشنىڭ مەزمۇنىدۇر.

ئاخىر زامانغىچە (شۇ چاغدا گۇناھ تولۇق جازالىنىدۇ) پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشى بولسۇن دەپ خۇدا مېھرىبانلىقى بىلەن گۇناھنى چەكلەش ۋە تىزگىنلەشكە بىرنەچچە يوللارنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ھەققەتنى روسۇل پاۋلۇس بىزگە: «ۋە ئۇنىڭ (يەنى دەججال، مەسىھنىڭ رەقىبىنىڭ) بەلگىلەنگەن ۋاقتى-سائىتى كەلمىگۈچە ئاشكارىلانماسلىقى ئۈچۈن نېمىنىڭ ئۇنى توسۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىسىلەر. چۈنكى «قانۇنىي يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچ» ئاللىقاچان يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلماقتا؛ لېكىن بۇ ئىشلارنى ھازىرچە توسۇپ كېلىۋاتقان بىرسى باردۇر؛ ئۇ ئوتتۇرىدىن (يەنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن) چىققۇچە شۇنداق توسۇقلۇق پېتى تۇرىدۇ؛ ئاندىن ئاشۇ قانۇنىي يوقاتقۇچى ئاشكارىلىنىدۇ؛ بىراق رەب ئەيسا ئاغزىدىكى نەپسى بىلەنلا ئۇنى يوقىتىدۇ، كەلگەن چاغدىكى پارلاق نۇرى بىلەن ئۇنى يوق قىلىۋېتىدۇ» ـ دەپ يەتكۈزىدۇ («2تېس.» 2:6-8). پاۋلۇس ئېيتقان «گۇناھنىڭ يولىنى توسقۇچى»نى مۇقەددەس روھنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت، دەپ قارايمىز. كۆزقارىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى شۇ مەكتۇپكە قوشقان ئىزاھاتلاردا بايان قىلدۇق. خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىپ، ھەركىمگە ئۆز گۇناھىنى ئايان قىلىپ، تەنبىھ بېرىشلىرى بىلەن گۇناھنى چەكلەيدۇ. لېكىن چەكلىگۈچى بولغان مۇقەددەس روھ «يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىققان»دا («يار.» 6:5نى ۋە «تېسالونىكالىقلارغا (2)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ) ئىنسانلارنىڭ ھەربىرى ئار-نومۇسىنى ھەم ۋىجدانىنى تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىكى ۋەھشىي ئىشلار باشلىنىپ، دەججالنىڭ (مەسىھنىڭ رەقىبى)نىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن شارائىتلار ھازىرلىنىدۇ. دېمەك،

گۇناھنى چەكلەيدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل مۇقەددەس روھنىڭ ئىنسانىنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىشتۇر.

ھازىرقى زامانلاردا ئادەملەرنىڭ ۋاجدانى ئارقىلىق گۇناھنى تىزگىنلەيدىغان يەنە بىر چەكلىگۈچى بار — ئۇ بولسىمۇ دۇنيادىكى ئېتىقادچى جامائەتنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرى ۋە بېرىۋاتقان گۇۋاھلىقلىرىدۇر («مات.» 13:5، 14، «ئەف.» 8:5-16). ھەتتا خۇداغا سادىق بىرنەچچە گۇۋاھ بەرگۈچىلەرلا پۈتكۈل بىر ئەلنىڭ رەزىللىكىنى تىزگىنلىگەنلىكىگە تارىخ ئىسپات بېرىدۇ. مەسىلەن، رىم ئىمپېرىيەسى بويىچە تاماشا دەپ قارالغان بارلىق «گلادىياتورلۇق كۆرەشلەر» بىرلا ئېتىقادچىنىڭ جۈرئەتلىك گۇۋاھچىلىقى، شۇنداقلا شېھىت بولۇشى بىلەن توختىتىلغان. مەسىھىي ۋىلىيام ۋىلبېرفورسنىڭ يالغۇز دېگۈدەك جەددىي ۋە توختاۋسىز كۆرەشلىرى ئارقىلىق «قۇللۇق تۈزۈمى» ئاۋۋال ئەنگلىيەدە، ئاندىن ئامېرىكادا، ئاخىردا ياۋروپادا پۈتۈنلەي يوقىتىلغان. ئەمدى جامائەتنىڭ دۇئالىرى ۋە گۇۋاھچىلىقلىرىنىڭ تېگىدە تۈپ كۈچ بەرگۈچى ۋە ئىشلىگۈچى مۇقەددەس روھنىڭ ئۆزىدۇر، ئەلۋەتتە!

ھالبۇكى، يەنە بىر چەكلىگۈچى ئامىل بار، ئۇ بولسا بۇ يەتتىنچى كۆرۈنۈشتە بىزگە كۆرسىتىلىدۇ. ئاۋۋال تەپسىلاتلىرىغا قارايلى: —

5-ئايەت: «ئاندىن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە چىقىپ ماڭا: «ئەمدى بېشىڭنى كۆتۈرگىن، نېمىنىڭ چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ باق» — دېدى».

زەكەرىيا ئېھتىمال كۆرگىنىگە (ئالتىنچى كۆرۈنۈشكە) مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، يەتتىنچىسىگە قاراشقا چاقىرىلغان بولسا كېرەك. مۇشۇ يەتتىنچى كۆرۈنۈشتە، «ئورام يازما»نىڭ پۈتكۈل پەلەستىن زېمىنىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە «چىققىنى»دەك، يەنە بىرەر تەسىرلىك نەرسە «چىقىش» ئالدىدا تۇرغان بولسا كېرەك: — «مەن: «ئۇ نېمە؟» — دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ چىقىۋاتقان «ئەفاھ» سېۋىتىدۇر»، ۋە: «بۇ بولسا شۇ رەزىللەرنىڭ پۈتۈن زېمىندىكى قىياپىتىدۇر» — دېدى».

«ئەفاھ» بولسا ھەجىم ئۆلچىمى (ئۇن، بۇغداي قاتارلىق نەسلەرنى ئۆلچەيدىغان) تەخمىنەن 40 لىتر كېلىدۇ. مۇشۇ يەردە «ئەفاھ» ھەم ئۆلچەم ھەم ئۆلچەيدىغان سېۋەتنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى: «بۇ ئۇلارنىڭ

پۈتۈن زېمىندىكى قىياپىتىدۇر» دېگەندە «ئۇلارنىڭ» دېگەن سۆز «ئەفاھ»نىڭ كۆپىيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ ياكى بولمىسا، «ئۇلارنىڭ» دېگەن سۆز يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوغرى ۋە يالغانچىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئىبرانىي تىلىدا «قىياپەت» دېگەن سۆز «كۆز» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەنىسى بەلكىم: خۇدا ئۆز خەلقىنى ئۆز كۆزى بىلەن پىتەكلىگەندەك (زەبۇر، 32:8) شەيتانمۇ ئۆزىگە تەۋە بولغانلارنى «ئەفاھ» (سودا-سېتىقنىڭ سىمۋولى) ئارقىلىق باشقۇرىدۇ.

(8-7) «ئەفاھ سېۋىتىنىڭ ئاغزىدىن دۈملاق بىر قوغۇشۇن كۆتۈرۈلدى، مانا، ئەفاھ سېۋىتى ئىچىدە بىر ئايال ئولتۇراتتى.ئۇ: «بۇ بولسا، رەزىللىك»تۇر» ــ دەپ، ئۇنى ئەفاھ سېۋىتى ئىچىگە قايتۇرۇپ تاشلاپ، ئەفاھنىڭ ئاغزىغا ئېغىر قوغۇشۇننى تاشلاپ قويدى».

«ئەفاھ»نىڭ بىر ئايالنى يوشۇرغانلىقى كۆرۈنىدۇ. ئۇ سېۋەتتىن چىقماقچى بولغان بولسا كېرەك، لېكىن تەبىر بەرگۈچى پەرىشتە ئۇنى قايتىدىن ئىچىگە تاشلاپ، ئاندىن: «قوغۇشۇن» ياپقۇنى ئۈستىگە تاشلايدۇ. «قوغۇشۇن ياپقۇ» ئىبرانىي تىلىدا «كىركەم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ ئادەتتە بۇ سۆز دۈگىلەك تەڭگە ياكى ئېغىرلىقنى بىلدۈرىدۇ. تەۋراتنىڭ قەدىمكى گرېكچە تەرجىمىسىدە (LXXدە) بۇ سۆز «تالانت» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئېنىقكى، ياپقۇنىڭ رولى ئايالنىڭ چىقىشىنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا بىز كۆرۈنۈشنى خۇدانىڭ «رەزىللىك»نى توسايدىغانلىقىنى ياكى چەكلەيدىغانلىقىنى سۈپەتلەيدىغان بىر رەسىمدۇر، دەپ قارايمىز.

«ئەفاھ» ۋە «تالانت» سودا-سېتىقتا كۆپ ئىشلىتىلگەچكە، دەل مۇشۇ ئىشلارغا سىمۋول بولىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

(9:5) «بېشىمنى كۆتۈرۈپ، مانا ئىككى ئايالنىڭ چىققانلىقىنى كۆردۈم؛ شامال ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى يەلپۈتۈپ تۇراتتى (ئۇلارنىڭ لەيلەكنىڭكىدەك قاناتلىرى بار ئىدى)؛ ئۇلار ئەفاھنى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆتۈردى».

بۇ ئايەت توغرۇلۇق تۆۋەندىكى ئويلىرىمىز بار: ــ

(ئا) مۇقەددەس يازمىلاردىكى سىمۋوللار ئارىسىدا ئاياللار دائىم دېگۈدەك روھىي كۈچلەر ياكى پرىنسىپلارغا ۋەكىل قىلىنىدۇ (مەسىلەن، «گال.» 4:21-31).

(ئە) مۇشۇ يەردە ئۇلاردا «لەيلەكنىڭ قاناتلىرى» بار، دېيىلىدۇ. لەيلەكلەر

مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە «ناپاك قۇشلار» دەپ ھېسابلانغاچقا («لاۋ.» 19:11)، مۇشۇ ئاياللار رەزىل روھىي كۈچلەرنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايمىز.

(ب) لەيلەكلەرمۇ يولدىن ئازماي ئۇچىدۇ («يەر.» 7:8) ۋە بەك كۈچلۈك ئۇچىدۇ، ئەلۋەتتە.

(10-11) «مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن: «ئۇلار ئەفاھنى نەگە كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ؟» ـ دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا: ئۇلار ئەفاھ ئۈچۈن «شىنار زېمىنى»دا بىر ئۆي سېلىشقا كەتتى؛ ئۆي بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، ئەفاھ سېھۇتى شۇ يەردە ئۆز تۇرالغۇسىغا قويۇلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى».

«شىنار» بابىلىيەنىڭ باشقا بىر ئىسمى. ئۇنىڭ «ئۆي»ىنىڭ ياكى «تۇرالغۇ»سىنىڭ شۇ يەردە قويۇلۇشى ئەفاھنىڭ ئىچىدىكى ئايال نىمىگە ۋەكىللىك قىلسا، ئۇ ئىشنىڭ شۇ يەردە بولغان روھىي تەسىرى ئىنتايىن كېڭەيتىلىدۇ ھەم كۈچەيتىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلسە كېرەك.

شەك-شۈبھىسىزكى، يەھۇدىي خەلقى بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، شۇنداقلا كۆپ باشقا ئەللەرگىمۇ تارقىتىلغىنىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدا چوڭ بىر ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. دېھقان ۋە پادىچى خەلق تىجارەتچىلەرگە، سودىگەرلەرگە ۋە زەرگەرلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. گەرچە بابىلدا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلىرىدا سۈرگۈن بولغاندا بۇتپەرەسلىك ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يوقىتىلغان بولسىمۇ (چۈنكى ئۇلار چوقۇنغان بارلىق بۇتلار ئۆزلىرىنى بابىلنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزمىغان)، لېكىن تېخىمۇ كۈچلۈك بىرخىل بۇتپەرەسلىك، يەنى پۇلپەرەسلىك ۋە سودا-سېتىقتا بېرىلىش ئۇنىڭ ئورنىنى باستى. بۇ ئىشلار خۇداغا نىسبەتەن بۇتپەرەسلىككە ئوخشاش يىرگىنچلىكتۇر («كول.» 5:3). بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئالتىنچى كۆرۈنۈشتە ئالاھىدە ئەيىبلىگەن گۇناھلارنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭدا ئاموس پەيغەمبەر ئاگاھلاندۇرغاندەك: ««ئەفاھ» («كۈرە»)نى كىچىك قىلىپ، مىسقالنى چوڭ ئېلىپ، ئالدامچىلىق ئۈچۈن تارازىنى يالغان قىلىش» دېگەندەك ئازدۇرۇلۇشنىڭ خەترى ئىنتايىن چوڭ بولدى («ئاموس» 5:8). بۈگۈن يەھۇدىي خەلقى ئىخلاسمەنلىكى ياكى خۇداغا يېقىن ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سودا-سېتىقتا بولغان قابىلىيىتى بىلەن داڭقى چىققاندۇر.

مۇشۇ يەردە شۇنى ئېنىق دېگۈمىز باركى، خۇدانىڭ سۆز-كالامى بويىچە سودا-سېتىقنىڭ ئۆزى رەزىل ئىش ئەمەس، ئۇنى سەممىيلىك ۋە راستچىللىق بىلەن قىلغىلى بولىدۇ (مەسىلەن، «ياق.» 13:4-16دىكى جېكىلەشلەرنى كۆرۈڭ). مال-دۇنياغا ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ رەزىل ئىش ئەمەس؛ لېكىن شەيتاننىڭ كۆپ ۋەسۋەسلىرىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سودا-سېتىقنىڭ ۋە باي بولۇشنىڭ گۇناھقا ئازدۇرىدىغان ناھايىتى چوڭ خەتىرىنى بىلىدۇ. روسۇل پاۋلۇس تىموتىيغا دېگەندەك: «پۇلپەرەسلىك (پۇل ئۆزى ئەمەس) ھەرخىل رەزىللىكلەرنىڭ يىلتىزىدۇر» («2تىم» 10:6).

ئەمدى كۆرۈنۈشنىڭ تەپسىلاتلىرىغا يەنە دىققەت قىلساق، «ئەفاھ»قا بابىلدا «تۇرالغۇ» بېرىلىدۇ — بۇ ئىش تارقىتىلغان ئىسرائىلنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان سودىسى ئاخىرى بىر سىستېما بولۇشقا تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ پۈرىتىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇمكى، ھازىرقى زاماندىكى بانكىلاردا پۇل ئامانەت قويۇش ۋە قەرز بېرىش تۈزۈملىرى بابىل ۋە پارس ئىمپېرىيەلىرىدە باشلانغان؛ ئۇنىڭدا يەھۇدىي سودىگەرلەرنىڭ چوڭ تەسىرى بار، دەپ ئىشىنىمىز.

بۇ پاكىتلار تەبىئىي ھالدا ئوقۇرمەنلىرىمىزنى روسۇل يۇھاناغا تاپشۇرۇلغان «ۋەھىي» دېگەن كىتابتا «چوڭ سىر بولغان پاھىشە بابىل شەھىرى»گە ئېلىپ كېلىدۇ («ۋەھىي» 17-18-بابلار). «ۋەھىي»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ ئىشلار ئۈستىدە سەل توختالغانمىز. شۇ يەردە دېگىنىمىزدەك، كەلگۈسىدە ئىراقتا يېڭى بىر «بابىل شەھىرى» بەرپا قىلىنىدۇ. بېشارەت قىلىنغان «بابىل»: (1) يېڭى بىر شەھەرنى ۋە: (2) دىن ھەم بىرخىل ئىقتىسادىي تۈزۈم بىرلەشتۈرۈلگەن سىستېمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەھەر پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى بولىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز. شەھەر دۇنيا بويىچە: «ئالتۇن-كۈمۈش، قىممەتلىك ياقۇتلار، ئۈنچە-مەرۋايىت، .... شاراب، زەيتۇن مېيى، ئاق ئۇن، بۇغداي، كالا، قوي، ئات، ھارۋا ۋە ئىنسانلارنىڭ تەنلىرى ۋە جانلىرى دېگەن ماللىرى»نى ساتقۇچى ئەڭ چوڭ شەھەر بولىدۇ («ۋەھ.» 12:18-13). ئاخىرىدا ئۇ خۇدانىڭ دەھشەتلىك بىر ھۆكۈم-جازاسى بىلەن پۈتۈنلەي ۋە مەڭگۈگە يوقىتىلىدۇ.

يېقىندىكى ئىقتىسادىي كرىزىسلەر (2008) دۇنياغا بەزى سودا شىركەتلىرى ۋە بانكىلارنىڭ قانچىلىك ھوقۇق ۋە كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى پاش قىلدى. بەزى

ۋاقتلاردا ئەللەرنىڭ تەقدىرىنى بىكىتكۈچىلەر ھۆكۈمەتلەر ئەمەس، بەلكى بىر-ئىككى چوڭ شىركەتلەر، خالاس. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە «خەلقئارالىق شىركەتلەر»دىن بەزىلىرىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. بەزى يەرلەردە، مەسىلەن رۇسىيەدە، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنىڭ جىنايىي قىلمىشلىرىنى ھېچ باشقۇرالمايدۇ. كۆپ ئىشلاردا ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ھۆكۈمەتلىرى چىقارماقچى بولغان سىياسەتلىرىدىن چوڭ شىركەتلەرنىڭ رازى بولغان-بولمىغانلىقىغا قارىشى كېرەك. ياۋروپادا بەزى چوڭ كارخانىلار (ئۆزلىرىنىڭ سودىسى تېخىمۇ روناق تېپىشى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە) «دۇنياۋى ھۆكۈمەت» بەرپا قىلىنىشى كېرەك دەپ «كاتولىك چېركاۋ» بىلەن بىرلىشىپ تەشۋىقات قىلىشماقتا. دەل شۇ مەقسەتتە تەشكىللەنگەن بىرنەچچە مەخپىي گۇرۇپپىلارمۇ بار؛ شۇلاردا يەھۇدىي چوڭ تىجارەتچىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۈچلۈك ئاۋازى بار. بۇ ۋەزىيەتلەر مۇقەددەس كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە دېيىلگەن ئاخىرقى زاماندىكى «بابىل»نى ھاسىل قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

ئۆزلىرىنى مەلۇم بىر گۇناھقا سېتىۋەتكەنلەر، ئادەملەر بولسۇن، ئەللەر بولسۇن ئاخىر بېرىپ دەل شۇ گۇناھقا ئەسىر بولۇپ ئۇنىڭغا قاتتىق قاپسىلىپ قېلىشى قورقۇنچلۇق بىر ھەقىقەتتۇر. «پەند.» 22:5دە دېيىلگەندەك: — «يامان ئادەمنىڭ ئۆز يامانلىقلىرى ئۆزىنى تۇزاقتا چۈشۈرىدۇ، ئۇ ئۆز گۇناھى بىلەن سىرتماقتا ئىلىنىدۇ».

ئەمما پەرىشتىنىڭ ئايالنى «ئەفاھ سېۋىتى ئىچىگە قايتۇرۇپ تاشلاپ، ئەفاھنىڭ ئاغزىغا ئېغىر قوغۇشۇننى تاشلاپ قويۇش» دېگەنلىك بولسا بىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر بىر سىرنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن كۆرسىتىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز؛ دېمەك، خۇدانىڭ ئادەملەرنىڭ مەلۇم گۇناھلارغا باغلىنىشىغا يول قويغانلىقى ئۇلارنى باشقا گۇناھلارغا بېرىلىپ كېتىشتىن چەكلەيدۇ. بۇنىڭ مەقستى، گۇناھنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك كۆچىيىپ كېتىشىگە چەك قويۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئاددىي بىر مىسال، ھاراقكەش بولۇپ كەتكەن كىشى «بۇگۈنكى ھاراقنى نەدىن تاپارمەن؟» دېگەن نىيەتتىن باشقا ھېچقانداق رەزىل ئىشلارنى كۆزلىمەيدۇ. بۇ ھەقىقەت يەنە «ئەفاھ» دېگەن كۆرۈنۈشتە كۆرسىتىلىدۇ؛ چۈنكى پۇلپەرەسلىككە ۋە نەپسانىيەتچىلىككە باغلانغانلار (نىشانىغا يەتمىگۈچە) ئۆزلىرىنى باشقا كۆپ ئىشلاردىن تارتىشى كېرەك. چۈنكى ھازىرقى دۇنيادا كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش

كېرەك. قەدىمكى دۇنيادا چىڭگىز خان قاتارلىقلار بىۋاستە زوراۋانلىق يولى بىلەن خالىغان نەرسىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئېلىۋېرەتتى. ئەمما ئۆزگىلەر بىلەن بىللە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش كېرەك؛ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى (ھېچبولمىغاندا نىشانغا يەتكۈچە) بىرئاز «مەدەنىيەتلىك» كۆرسىتىشى كېرەك!

يەنە قىزىق بىر ئىش شۇكى، يەھۇدىيلار بەرپا قىلغان ۋە باشقۇرغان چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كارخانىلار ۋە ئىگىلىكلەرگە كەلسەك، يەتتىنچى كۆرۈنۈشتە كۆرۈلگەندەك، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دائىم ئىسرائىل چېگرىسىنىڭ سىرتىدا سودا قىلماقتا.

بۇلارنى «ئەفاھ»دا كۆرسىتىلگەن سىرنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك، دەپ ئىشىنىمىز.

ئالتىنچى كۆرۈنۈش ۋە «ۋەھىي»نىڭ كېيىنكى بابلىرىدا ئايان قىلىنغاندەك، خۇدانىڭ ھۆكۈم-جازالىرى ئاخىرىدا يەر يۈزىدىكى «رەزىللىك»نىڭ مەركەزلىشىشى بولىدىغان مۇشۇ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. خۇدانىڭ ئاغزىدىن: «قەبىھلىك قىلغۇچى كىشى قەبىھلىكىنى قىلىۋەرسۇن؛ پەسكەش كىشى بولسا پەسكەشلىكىدە تۇرىۋەرسۇن؛ ھەققانىي كىشى بولسا ھەققانىيلىقىنى يۈرگۈزىۋەرسۇن؛ پاك-مۇقەددەس كىشى بولسا پاك-مۇقەددەسلىكتە تۇرىۋەرسۇن» دېگەن ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىپ، ھەربىر ئادەم ئۆزى قانداق گۇناھقا باغلىنىپ قالغان بولسا، شۇ گۇناھقا خاس بولغان جازانىڭ ئاستىغا چۈشىدۇ.

## سەككىزىنچى غايىبانە كۆرۈنۈش ـ جەڭ ھارۋىلىرى (8-1:6)

«ئاندىن مانا، مەن يەنە بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىن تۆت جەڭ ھارۋىسىنىڭ چىققانلىقىنى كۆردۇم. تاغلار بولسا مىس تاغلار ئىدى. بىرىنچى جەڭ ھارۋىسىدىكى قىزىل ئاتلار ئىدى؛ ئىككىنچى جەڭ ھارۋىسىدىكى قارا ئاتلار ئىدى؛ ئۈچىنچى جەڭ ھارۋىسىدىكى ئاق ئاتلار،

تۆتىنچى جەڭ ھارۋىسىدىكى كۆچلۈك چىپار ئاتلار ئىدى. مەن جاۋابەن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن: «تەقسىر، بۇلار نىمە؟» ــ دەپ سورىدىم.

پەرىشتە ماڭا جاۋابەن: «بۇلار پۈتكۈل يەر-زېمىننىڭ ئىگىسىنىڭ ھۇزۇرىدىن چىققان ئاسمانلارنىڭ تۆت روھى. قارا ئاتلار قېتىلغان ھارۋا شىمالىي زېمىنلار تەرەپكە كىرىدۇ؛ ئاقلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ؛ چىپارلار بولسا جەنۇبىي زېمىنلار تەرەپكە ماڭىدۇ. ئاندىن مۇشۇ كۆچلۈك ئاتلار چىقىپ يەر يۈزىدە ئۇياق-بۇياق كېزىشكە ئالدىرايدۇ» ــ دېدى.

ئۇ ئۇلارغا: «مېڭىڭلار، يەر يۈزىدە ئۇياق-بۇياق مېڭىڭلار» ــ دېدى؛ ئۇلار يەر يۈزىدە ئۇياق-بۇياق ماڭدى. ۋە ئۇ ماڭا ئۈنلۈك ئاۋازدا: «قارا، شىمالىي يەر-زېمىنلار تەرەپكە ماڭغانلار مېنىڭ روھىمدىكى ئاچچىقنى شىمالىي زېمىن تەرەپتە بېسىقتۇردى» ــ دېدى».

بۇ سەككىزىنچى، شۇنداقلا ئاخىرقى كۆرۈنۈشتە خۇداغا قارشى بولغان يات ئەل كۈچلىرىنى ئاغدۇرىدىغان، خۇدا مەسىھنىڭ يەمرىلمەس پادىشاھلىقىغا يول تەييارلاشقا ئەۋەتكەن كۆرۈنمەس جەڭ ھارۋىلىرى بىزگە ئايان قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر يەنە بىر قېتىم ئىلگىرىكى كۆرۈنۈش ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، سەككىزىنچى كۆرۈنۈشكە قاراشقا چاقىرىلغان بولسا كېرەك. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىن تۆت جەڭ ھارۋىسىنى كۆرىدۇ. ھارۋىلار ھەرخىل رەڭلىك ئاتلار تەرىپىدىن تارتىلىدۇ؛ بىرىنچىسىنى تارتقانلار قىزىل، ئىككىنچىسىنى تارتقانلار قارا، ئۈچىنچىسىنى تارتقانلار ئاق، تۆتىنچىسىنى تارتقانلار چىپار رەڭلىك، «كۈچلۈك» ئاتلار ئىدى.

### (1) ئىككى تاغ

بۇ تاغلار ئىبرانىي تىلىدا «ھېلىقى تاغلار» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار زەكەرىيا پەيغەمبەرگە نىسبەتەن تونۇش تاغلار بولغان بولسا كېرەك. ئۇلار يەنە 5-ئايەتتە «پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرى» ياكى «پۈتكۈل يەر-زېمىننىڭ ئىگىسىنىڭ مەخسۇس

تۇرالغۇسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بىزچە يېرۇسالېمدىكى «زىئون تېغى» ۋە «زەيتۇن تېغى»نى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى باشقا «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ بېشارەتلىرى بويىچە پەرۋەردىگار پۈتكۈل دۇنيادىكى ئەللەرنىڭ ئۈستىگە يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈم-جازالىرىنىڭ بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى «يەھوشافاتنىڭ جىلغىسى» بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى باردۇر («يو.» 2:3 — «يەھوشافات» — «پەرۋەردىگار ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دېگەن مەنىدە). ئۇ خۇدا بەخت-بەرىكىتىنى پۈتكۈل دۇنياغا ئەۋەتىدىغان جاي بولۇشقا، شۇنداقلا كەلگۈسىدە پۈتكۈل يەر-زېمىنى ئىدارە قىلىشقا تاللىغان يەر — زىئون تېغى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈم-جازالىرىمۇ شۇ يەردىن چىقىدۇ.

تاغلار «مىس» ياكى «تۇچ»تىن ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، «مىس» بولغانلىقى خۇدانىڭ تۇرالغۇسىنىڭ كۈچى ھەم ئىنسانىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ خۇدا ئۆز جەڭ ھارۋىلىرىنى «يۇلۇش، سۆكۈش، ھالاك قىلىش، ئۆرۈش، قۇرۇش» خىزمىتىگە ئەۋەتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ چاقىرىقىسىز ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددەس كىتابتا «مىس» خۇدانىڭ ھۆكۈم-جازالىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ — مەسىلەن، خۇدانىڭ ئىنسانلارنى جازالاپ يامغۇر بەرمىگەنىدە «بېشىڭنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان مىستەك... بولىدۇ» دېيىلىدۇ («قان.» 23:28).

تاغلارنىڭ ئۆزى شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە چوڭقۇر دانالىقىنى كۆرسىتىدۇ: «ھەققانىيلىقىڭ بۈيۈك تاغلاردەك، ھۆكۈملىرىڭ چوڭقۇر تىلسىمات دېڭىزلاردەكتۇر» («زەب.» 6:36)، «ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ئىزدىنىپ چۈشىنىشكە تېگى يوقتۇر! ئۇنىڭ يوللىرى ئىزدەپ تېپىشتىن شۇنچە يىراقتۇر! كىممۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئوي-مۇددىئالىرىنى چۈشىنىپ يەتتى؟» («رىم.» 33:11-34).

### (2) جەڭ ھارۋىلىرى

تەبىر بەرگۈچى پەرىشتە 3-ئايەتتە تۆت جەڭ ھارۋىسىنى چۈشەندۈرۈپ: «بۇلار پۈتكۈل يەر-زېمىننىڭ ئىگىسىنىڭ ھوزۇرىدىن چىققان ئاسمانلارنىڭ تۆت روھى» دەيدۇ.

بۇنىڭ ئاددىي چۈشەنچىسى شۇكى، ئاتلار ئەرشتىكى كۈچلەر ياكى پەرىشتىلەرگە

ۋەكىل بولىدۇ ــ ئۇلار «ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغۇچى، كالامنى ئىجرا قىلغۇچى، قۇدرىتى زور»، «ئىرادىسىنى ئادا قىلغۇچى خىزمەتكارلىرى»؛ مۇشۇ «شامالدەك ئىتتىك» ئۇچىدىغان قوشۇنلار خۇدانىڭ كۆرۈنمەس ئەلچىلىرىدۇر («زەب.» 20:103، 21، 4:104). شۈبھىسىزكى، بۇ سۆزلەرمۇ ئۇلار توغرىسىدا ئېيتىلغاندۇر: «خۇدانىڭ جەڭ ھارۋىلىرى تۈمەن-تۈمەن، مىليون-مىليوندۇر» («زەب.» 17:68).

ئاخىرقى كۆرۈنۈشنىڭ بىرىنچى كۆرۈنۈش (7:1-17) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتى بار. بىرىنچى كۆرۈنۈشتە پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ قىزىل ئاتقا مىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا چارلىغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ باياناتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تۇرۇۋاتقىنىنى كۆرگەنىدى. پەرىشتىلەرنىڭ شۇ كۆرۈنۈشتە بولغان ۋەزىپىسى «يەر يۈزىدە ئۇيان-بۇيان كېزىپ» ئەللەرنىڭ ھال-ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ خەلقىگە ۋە زېمىنىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى كۆزىتىپ، ئىگىسىگە دوكلات قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمدى پەيغەمبەر ئاخىرقى كۆرۈنۈشتە شۇ ئوخشاش پەرىشتىلەرنىڭ «خۇدانىڭ جەڭ ھارۋىلىرى»غا ئايلىنىپ، خۇدانىڭ ھۆكۈم-جازالىرىنى شۇ ئەللەرگە يۈرگۈزۈشكە ئەۋەتىلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. چۈنكى بىرىنچى كۆرۈنۈشتە ئېيتىلغاندەك، خۇدا شۇ ئەللەرگە قاراپ «قاتتىق غەزەپلەندى»؛ چۈنكى ئۇ ئۇلار ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى جازالىغىنىدا، «ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ خەلقىمگە زور ئازار قىلدى». خۇدا ئۆز خەلقىنى سۈرگۈنگە چىقىرىپ تارقاتقۇزغىنى بىلەن ئۇلارنى ھەرگىز تاشلىۋەتكىنى يوق.

## (3) ئاتالارنىڭ رەڭلىرى

ئەمدى ئاتلارنىڭ سانى ۋە رەڭگى توغرىسىدىكى بىرقەدەر قىيىن نۇقتا ھەققىدە توختىلىمىز.

«تۆت»تىن ئىبارەت بۇ سان ئىسرائىلنى تارقاقلاشتۇرغان تۆت ئىمپېرىيەگە ۋەكىل بولغان «تۆت مۈڭگۈز» توغرىسىدىكى ئىككىنچى كۆرۈنۈشنى ئېسىمىزگە كەلتۈرىدۇ. شۇ تۆت ئىمپېرىيەنىڭ ھۆكۈم سۈرۈش ۋاقتى «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى»دىن ئىبارەت بولىدۇ («لۇقا» 24:21)؛ مەسىھنىڭ پادىشاھلىقى، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ

ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە بەخت-بەرىكەتكە ئېرىشىشى ئۇلارنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

«تۆت جەڭ هارۋىسى» يەنە ئاسماننىڭ «تۆت روهى»نى ياكى «تۆت شامىلى»نى كۆرسىتىدۇ (ئىبرانىي تىلىدا «روھ» ۋە «شامال» بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ). «دان.» 1:7-3دە «تۆت تەرەپتىن شامال چىقىپ، «ئۇلۇغ دېڭىز» (يەنى «ئوتتۇرا دېڭىز») يۇزىگە ئۇرۇلماقتا ئىدى. دېڭىزدىن شەكىللىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۆت زور مەخلۇق چىقتى» دەپ ئوقۇيمىز. بۇ «تۆت شامال»نىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن شۇ «تۆت مەخلۇق» (هەربىرى ئايرىم-ئايرىم بىر ئىمپېرىيەنى كۆرسەتكەن) چىقتى. ئەمدى زەكەرىيا كۆرگەن كۆرۈنۈشتە خۇدانىڭ شۇ تۆت شامالنى شۇ ئىمپېرىيەلەرنى ئاغدۇرۇشقا ئەۋەتكىنىنى كۆرىمىز. بۇ كۆرۈنۈشتىن دۆلەت-ئىمپېرىيەلەرنىڭ مەيلى قۇرۇلۇشى ياكى غۇلىشى بولسۇن، ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ (ئاشكارە بولسۇن ياكى يوشۇرۇن ۋاستىلەر بىلەن، تەبىئىي هالدا ياكى پەرىشتىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولسۇن)، دەپ ئۆگىنىمىز.

ئەمدى مەزكۇر كۆرۈنۈشنىڭ مەنىسى ۋە «تۆت مۈڭگۈز ۋە تۆت هۈنەرۋەن» توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشنىڭ (1:18-21) مەنىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار؟ ئەگەر ئوخشاش ئىشنى كۆرسەتسە، سەككىزىنچى كۆرۈنۈشنىڭ نېمە ئەهمىيىتى بار؟ پەرقى ۋە ئەهمىيىتى دەل شۇكى، «تۆت مۈڭگۈز ۋە تۆت هۈنەرۋەن» توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشتە خۇداغا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە قارشى چىققان شۇ تۆت ئىمپېرىيەنى ئاغدۇرىدىغان تۆت باشقا ئەل كۆرسىتىلىدۇ؛ لېكىن سەككىزىنچى كۆرۈنۈشتە شۇ تۆت ئاغدۇرغۇچى ئەلنىڭ قىلغانلىرىنىڭ كەينىدە خۇدانىڭ كۆرۈنمەس قۇدرەتلىك روهى كۈچلىرى تۇرىدۇ، دەپ كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتە بارلىق تەبىئىي هادىسىلەرنىڭ كەينىدە هەمدە ئىنسانلارنىڭ بارلىق مۇددىئا-مەقسەتلىرى ۋە هەرىكەتلىرىنىڭ كەينىدە خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك مۇددىئا-مەقسەتلىرى، كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئەرشتىكى ساناقسىز كۆرۈنمەس قوشۇنلىرىنىڭ هەرىكەتلىرى تۇرىدۇ.

ئەمدى ئاتلارنىڭ رەڭلىرىگە كېلەيلى. بۇلارنى چۈشىنىش بىر قەدەر تەسرەك. پەيغەمبەر تۆت جەڭ هارۋىسىنى كۆرىدۇ، بىرىنچىسىگە قوشۇلغان ئاتلار قىزىل، ئىككىنچىسىدىكى ئاتلار قارا، ئۈچىنچىسىدىكى ئاق ۋە تۆتىنچىسىدىكى چىپار

رەڭلىك ئىدى؛ مۇشۇ تۆتىنچىسىدىكى ئاتلار يەنە «كۈچلۈك» ئاتلار دەپ قارىلىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، تەبىر بەرگۈچى پەرىشتە بىرىنچى جەڭ ھارۋىسىدىكى قىزىل ئاتلار توغرۇلۇق ھېچقانداق چۈشەندۈرمەيدۇ (5-7-ئايەتلەر). قارا ۋە ئاقلار «شىمالىي زېمىن»غا قاراپ ماڭىدۇ، چىپار رەڭلىكلەر ئاۋۋال جەنۇبىي تەرەپكە ماڭىدۇ، ئاندىن «مۇشۇ كۈچلۈكلەر»نىڭ (3-ئايەتتە ئۇلار يەنە «چىپار رەڭلىكلەر» دەپ ئاتىلىدۇ) ئايرىم بىر دۇنياۋى ۋەزىپىنى ئۆتىمەكچى بولغانلىقى كۆرۈنىدۇ.

شەرھچىلەر بۇ سىرلىق جەڭ ھارۋىلىرى توغرۇلۇق كۆپ پىكىرلەردە بولۇپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، بۇ توغرۇلۇق داۋۇت بارون ئالىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك ۋە ئورۇنلۇق دەپ قارايمىز: —

مەزكۇر تۆت جەڭ ھارۋىسى ئاسمانلارنىڭ «تۆت شامىلى» ياكى «تۆت روھى»دۇر؛ شۇڭا ئۇلار «دانىيال» 2- ۋە 7-بابتا كۆرسىتىلگەن تۆت يات ئىمپېرىيە، يەنى «تۆت مۈڭگۈز ۋە تۆت ھۈنەرۋەن» دېگەن ئىككىنچى كۆرۈنۈشتە كۆرسىتىلگەن تۆت ئىمپېرىيە ئەمەس. لېكىن بۇ «تۆت شامال»نىڭ شۇ «تۆت «مۈڭگۈز» دەپ ئاتالغان تۆت ئىمپېرىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى باردۇر. «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى» دەل شۇ تۆت ئىمپېرىيەنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ تۆت ئىمپېرىيە تەرتىپ بويىچە بابىل ئىمپېرىيەسى، مېدىئا-پارس ئىمپېرىيەسى، گرېك ئىمپېرىيەسى (ياكى گرېك-ماكېدونىيە ئىمپېرىيەسى) ۋە رىم ئىمپېرىيەسىدۇر. «بۇ يەھۇدا، ئىسرائىل ۋە يېرۇسالېمنى تارقىتىۋەتكەن مۈڭگۈزلەردۇر» (19:1). بۇلارنىڭ ئەرشتىكى كۆرۈنمەس كۈچلەر بىلەن ئاغدۇرۇلۇشى ئاخىرقى كۆرۈنۈشنىڭ مەزمۇنىدۇر. ئەمما بۇ ئىمپېرىيەلەر كۆرۈنۈشتە ۋە بېشارەتتە بىرگە كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ۋاقىت-دەۋرلەر بىلەن بىر-بىرىدىن ئايرىلغان.

مەزكۇر كۆرۈنۈشلەر زەكەرىياغا ئايان قىلىنغان ۋاقىتتا، بابىل ئىمپېرىيەسى ئاللىقاچان مېدىئا-پارسلىقلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغانىدى. ئەمما پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە شۇ چاغدا مېدىئا-پارسلىقلارنىڭ كەينىدە خۇدانىڭ كۆرۈنمەس جەڭ ھارۋىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ؛ ھارۋىسىنىڭ قان قەرز ۋە ئىنتىقام ئالىدىغان «قىزىل ئاتلىرى» بار ئىدى. تۆت مۈڭگۈز ۋە تۆت ھۈنەرۋەن توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشتە كۆرۈنگەنگە ئوخشاش، سەككىزىنچى كۆرۈنۈشتە كۆرسىتىلگەن كۈچلۈك ئىمپېرىيەلەردىن بىرى (زەكەرىيا كۆرۈنۈشنى كۆرگەن ۋاقىتتا) ئاللىقاچان يوقىتىلغانىدى.

دەل شۇ سەۋەبتىن قىزىل ئاتلىق جەڭ ھارۋىسىنىڭ ۋەزىپىسى تىلغا ئېلىنمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئىسرائىلغا زۇلۇم قىلغان، زېمىنىنى ۋەيران قىلغۇەتكەن تۇنجى ئىمپېرىيە بولغان بابىلنى ئۆرۈۋېتىش ۋەزىپىسى ئالللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ بولغانىدى. پەيغەمبەرنىڭ تۆت جەڭ ھارۋىسىنى كۆرۈشىنىڭ سەۋەبى (3-ئايەت) بۇ جەڭ ھارۋىلارنىڭ دەرۋەقە ئايرىلماس بىر پۈتۈن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى؛ قايتىلايمىزكى، ئۇلار ۋەزىپىنى يۈرگۈزگەن دەۋر بولسا، بابىلدا بولغان سۈرگۈنلۈكتىن باشلاپ مەسىھنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىگىچە بولغان ۋاقىت، يەنى «ياتلارنىڭ ۋاقتى» بولىدۇ.

قارا ئاتلار بەلكىم ئاھ-زارلار، ماتەم تۇتۇش، شۇنداقلا ئاچارچىلىق ۋە ئۆلۈمگە ۋەكىل بولسا كېرەك («ۋەھ.» 5:6-6نى كۆرۈڭ)؛ ئۇلار ئېغىر ھۆكۈم-جازالارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن «شىمالىي تەرەپكە» ماڭىدۇ؛ ئاندىن ««نۇسرەت قازىنىش»قا ۋەكىل بولغان «ئاق ئاتلار»مۇ («ۋەھ.» 2:6نى كۆرۈڭ) يەنە «شىمالىي تەرەپكە» ماڭىدۇ. چۈنكى بابىلدىن كېيىن نۆۋەت بويىچە مەيدانغا چىققان ئىمپېرىيەلەر ئاۋۋال مىدىئا-پارس ئىمپېرىيەسى، ئاندىن گرېك ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەر ئىككىسى پەلەستىنگە نىسبەتەن «شىمالىي تەرەپ»تىكى كۈچلەر ئىدى.

شىمال تەرىپىگە بارغانلارغا ئوخشىمىغان ھالدا، «چىپار رەڭلىك ئاتلار» جەنۇبىي تەرىپىگە ماڭىدۇ. بۇلار بەلكىم 8:1دە «ئالا-تاغىل» دېگەن ئاتلار بىلەن بىر بولسا كېرەك (مۇشۇ «چىپار رەڭ» ئىلگىرىكى «قىزىل، قارا، ئاق» رەڭلەرنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ بارمۇ؟).

پەلەستىننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دۆلەت مىسىر ئىدى. مەسىلەن، «دانىيال» 11-بابتا كۆرسىتىلگەن ئىسرائىلغا قارشى تۇرغان «جەنۇبىي پادىشاھ» مىسىرنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئەمما تۆتىنچى زور ئىمپېرىيە ئۇچىنچى ئىمپېرىيە، يەنى شۇ چاغدا چۈشكۈن ھالەتتە بولغان گرېك ئىمپېرىيەسى بىلەن سوقۇشقان بىرىنچى جاي بولسا مىسىر ئىدى؛ رىم ئىسرائىل خەلقى بىلەن ئۇچراشقان بىرىنچى جايمۇ مىسىر ئىدى. شۇ ئىشلار، يەنى رىمنىڭ گرېتسىيە بىلەن سوقۇشۇشى ۋە ئىسرائىلنىڭ رىم بىلەن ئۇچرىشىشى ئىسيان كۆتۈرگۈچى ئانتونى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى مەشھۇر مىسىرلىق مەلىكە كلېئوپاترانىڭ رىم بىلەن بولغان كۈرەشلىرى بىلەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 63-يىلى باشلاندى.

ئەمما تۆتىنچى ئىمپېرىيەنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا شىمالىي، جەنۇبىي، شەرقىي تەرەپلەرگىلا ئەمەس، بەلكى غەرب تەرەپكىمۇ كېڭىيىدىغانلىقىنى ئاخىر بېرىپ ھەتتا پۈتكۈل دۇنيانى دىگۈدەك سورايدىغانلىقىنى خۇدانىڭ روھى ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن مۇشۇ جەڭ ھارۋىسىدىكى ئاتلار جەنۇبىي تەرەپتىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن «چىقىپ يەر يۈزىدە ئۇياق-بۇياق كېزىشكە ئىنتىلىدۇ». شۇنداق ئىنتىلگەندە «پۈتكۈل يەر-زېمىننىڭ ئىگىسى» ئۇلارغا: «مېڭىڭلار، يەر يۈزىدە ئۇياق-بۇياق مېڭىڭلار» دەيدۇ. ئاخىرقى زاماندا شۇ رەزىل ئىمپېرىيەدە تۈرلۈك-تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؛ بۇ رەزىل ئىمپېرىيەنى ئاغدۇرۇۋشقا بۇيرۇق بېرىلگۈچە، ئۇنىڭ بارلىق ئۆزگىرىشلىرىگە ئاساسەن شۇ «تۆت روھ» ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىك ھەرىكەتلىرىنى چەكلەپ، رەزىل ئىستەكلىرىگە قارشى چىقىپ تاقابىل تۇرۇۋشى ئۈچۈن «ئۇيان-بۇيان مېڭىش»قا توغرا كېلىدۇ.

شۇڭا «چىپار رەڭلىك» ئاتلار شۇ ھەرىكەتنى قىلغاندا ئالاھىيدە «چىپار رەڭلىك» ئەمەس، بەلكى «كۈچلۈك» دەپ ئاتىلىدۇ (7-ئايەت). شۇ ئاخىرقى ئىمپېرىيەنىڭ كۈچى مۇشۇ ئايەتلەردە كۆرۈنىدۇ: — «ئۇنىڭدىن كېيىن كېچىدىكى غايىبانە كۆرۈنۈشلەردە، قاراپ تۇرغىنىمدا، مانا تۆتىنچى بىر مەخلۇق پەيدا بولدى. ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ۋە ئاجايىب كۈچلۈك ئىدى. ئۇ يوغان تۆمۈر چىشلىرى بىلەن ئوۋنى چايناپ يۇتۇپ، ئاندىن قالدۇقىنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ-چەيلەيتتى. ئۇ ئالدىنقى بارلىق مەخلۇقلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئون مۈڭگۈزى بار ئىدى» («دان.» 7:7). شۇڭا، ئاخىرقى ئىمپېرىيە ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان پەرىشتىلەرمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

گەرچە رەزىل ئىنسانلارنىڭ كۈچى بىزگە نىسبەتەن قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، گەرچە قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈچلىرىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ، خۇدانىڭ كۆرۈنمەس كۈچلىرى ئۇلاردىن زىيادە كۈچلۈكتۇر، ئۇ ئۇلارغا پۈتۈنلەي تاقابىل تۇرالايدۇ.

8-ئايەتكە ئۆتەيلى: —

«ۋە ئۇ ماڭا ئۈنلۈك ئاۋازدا: «قارا، شىمالىي يەر-زېمىنلار تەرەپكە ماڭغانلار مېنىڭ روھىمدىكى ئاچچىقنى شىمالىي زېمىن تەرەپتە

بىسىقتۇردى» ــ دېدى».

مۇشۇ يەردە «روھىم» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلدا بەزىدە «غەزەپ»نى بىلدۈرىدۇ ۋە مۇشۇ يەردىمۇ شۇ مەنىدە بولسا كېرەك. «روھ»نىڭ شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىشى «ھاك.» 3:8، «توپ.» 4:10دىمۇ كۆرۈنىدۇ. شۇڭا 8-ئايەت: ــ شىمالىي تەرەپكە ماڭغان كۆرۈنمەس قوشۇنلار خۇدانىڭ غەزىپىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى شۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگەن، دېگەن مەنىدە بولىدۇ (ئوخشاش ئىبارە «يەھ.» 36:3دە تېپىلىدۇ: ــ «خۇدانىڭ غەزىپى شۇنداقلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ»).

مۇشۇ 8-ئايەتتە شىمالىي تەرەپتىكىلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشىنىڭ سەۋەبى بەلكىم: (1) بابىلنىڭ ئاللىقاچان خۇدانىڭ جازاسىنى تارتقانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن؛ (2) شۇ چاغدا ئىسرائىلغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ زۇلۇم سېلىۋاتقان ئىمپېرىيە، يەنى پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ («نەھ.» 36:9، 37) خۇدانىڭ غەزىپىنىڭ ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى، يات ئاربدا ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ «روھىي جەڭ ھارىسىنىڭ ئاتلىرى»نىڭ ئاياغ ئاستىدا بېسىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىش ئۈچۈن؛ (3) ئاخىرقى زامانلاردا ئاخىرقى ئىمپېرىيە، دەججالنىڭ پادىشاھلىقى ئۆز كۈچلىرىنى يەنە بىر قېتىم «شىمالىي تەرەپ»تە، يەنى «شىنار زېمىنى»دا، بابىل شەھىرىدە ۋاقىتلىق مەركەزلەشتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

ئاندىن خۇدانىڭ ھۆكۈم-جازالىرى ئاسماندىن تۆكۈلىدۇ، دەججالنىڭ سەلتەنىتى ئاغدۇرۇلۇپ، مەسىھنىڭ سەلتەنىتى بەرپا قىلىنىدۇ: ــ «ھەر يۇرت، ھەر تائىپە، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلار ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن دەپ، سەلتەنەت، شۆھرەت ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقى ئۇنىڭغا بېرىلدى. ئۇنىڭ سەلتەنىتى مەڭگۈلۈك سەلتەنەتتۇر، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مەڭگۈ ھالاك قىلىنمايدىغاندۇر» («دان.» 14:7).

مەسىھنىڭ «ھەققانىيلىقىنىڭ تەختى»نىڭ زىئون تېغىنىڭ ئۈستىگە تىكلىنىپ، مەسىھنىڭ مۇتلەق ئىخلاسمەن بىر ئىسرائىل ئارقىلىق دۇنياغا ھۆكۈم سۈرۈشى تارىخنىڭ ئەزەلدىن بېكىتىلگەن توپ ۋە ئۇلۇغ نىشانىدۇر. بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئىمپېرىيەلەر مەيدانغا چىققان ۋە ئاللىقاچان تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ كەتكەندۇر. تۆتىنچى ئىمپېرىيە (خۇددى پەيغەمبەرلەر ئالدىنئالا ئېيتقاندەك) ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىدۇ (ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا ــ «دانىيال»دىكى «قوشۇمچە

سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ). لېكىن خۇدا بىكىتكەن ۋاقىت پات ئارىدا كېلىدۇ –
«ھەم ئەللەر پەرۋەردىگارنىڭ نامىدىن،
يەر يۈزىدىكى شاھلار (سەن ئىسرائىلنىڭ) شان-شەرىپىڭدىن
ئەيمىنىدۇ» («زەب.» 15:102).

## (3) بېشارەتلىك ھەرىكەت - باش كاھىن يەشۇئاغا تاج كىيدۈرۈش (6:9-15)

«پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ
سۈرگۈن بولۇپ كەلگەنلەردىن، يەنى ھەلداي، توبىيا ۋە يەدايادىن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلغىن؛ شۇ كۈنى ئۇلار بابىلدىن كېلىپ چۈشكەن ئۆيگە، يەنى زەفانىيانىڭ ئوغلى يوسىيانىڭ ئۆيىگە كىرگىن؛ شۇنداق، كۈمۈش ۋە ئالتۇننى قوبۇل قىلغىن، بۇلاردىن چەمبەرسىمان بىر تاجنى توقۇپ ۋە تاجنى يەھوزاداكنىڭ ئوغلى باش كاھىن يەشۇئانىڭ بېشىغا كىيگۈزگىن؛ ۋە يەشۇئاغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: قاراڭلار، «شاخ» دەپ ئاتالغان ئىنسان! ئۇ ئۆز تۇۋىدىن ئورنىدا شاخلىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرىدۇ» ــ دېگىن.
«بەرھەق، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرغۇچى دەل شۇ بولىدۇ؛ ئۇ شۇ شاھانە شان-شەرەپنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆز تەختىگە ئولتۇرۇپ ھۆكۈم سۈرىدۇ؛ ئۇ تەختىدە ئولتۇرىدىغان كاھىن بولىدۇ؛ خاتىرجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەمكارلىق ئۇلار ئىككىسى ئارىسىدا بولىدۇ.
مۇشۇ چەمبەرسىمان تاج پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خەلەم، توبىيا، يەدايالارغا ۋە زەفانىيانىڭ ئوغلىنىڭ مېھرىبانلىقىغا بىر ئەسلەتمە ئۈچۈن قويۇلىدۇ. ۋە يىراقتا تۇرۇۋاتقانلار كېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرۇش خىزمىتىدە بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ

مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر؛ ئەگەر پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىساڭلار بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ».

سەككىز كۆرۈنۈشتىن كېيىن پەيغەمبەر ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر «بېشارەتلىك ھەرىكەت»نى قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. تۆۋەندە ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ ھەرىكەت شۇ كەچتىكى سەككىز كۆرۈنۈش ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بېشارەتلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ.

بېشارەتلىك ھەرىكەت بىزگە «رەزىللىكنىڭ مۇقەددەس زېمىندىن يوقىتىلىشى» ۋە دەججالنىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىنى باشقۇرىدىغان ئىمپېرىيەسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىشنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى، يەنى ھەقىقىي پادىشاھقا تاج كىيدۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ پادىشاھ، يەنى «تەختكە ئولتۇرغان كاھىن» پەرۋەردىگارنىڭ ھەقىقىي ئىبادەتخانىسىنى قۇرىدۇ؛ يات ئەللىكلەرمۇ ئۇنىڭغا كىرەلەيدىغان بولىدۇ.

«پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ» دېگەن بۇ سۆزلەر (6-ئايەت) پەيغەمبەرگە بىۋاستە يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئاخىرلاشقىنىنى ئايان قىلىدۇ. بۇ ئايەتلەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ ــ بىرىنچى قىسمى 9-11-ئايەتلەر بولۇپ، «بېشارەتلىك ھەرىكەت»نىڭ ئۆزىنى خاتىرىلەيدۇ، ئىككىنچى قىسمىدا (13-15) بېشارەتنىڭ ئۆزى خاتىرىلىنىدۇ.

## بېشارەتلىك ھەرىكەت (9-11)

بېشارەتلىك ھەرىكەت مۇنداق ئەھۋالدىن باشلىنىدۇ: ــ ئۈچ مۆتىۋەر كىشى ئەسلىدە سۈرگۈن بولغان، ھازىر بابىلدا ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىي خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ، قۇرۇلۇۋاتقان ئىبادەتخانا ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ھەدىيە قىلىشقا يېرۇسالېمغا كەلدى (بۇ ئىش زەكەرىيا كۆرۈنۈشنى كۆرگەن كېچىسىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە بولغان بولسا كېرەك). پەيغەمبەر بابىل دېگەن «يىراق يۇرت»تىن كەلگەن بۇ كىشىلەرنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ روھىي كۆزلىرى مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن ئېچىلغاچقا، شۇ كىشىلەر ئارقىلىق كەلگۈسى شەرەپلىك ئىبادەتخانا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ مەسىھنىڭ پادىشاھلىقىدا شۇ ئىبادەتخانا «بارلىق ئەل-يۇرتلار ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدىغان ئۆي» («يەش.» 7:56) دەپ ئاتىلىپ، يات ئەللەر

«يىراقتىن» ئىبادەت يولىدا ئۆز سوۋغات-ھەدىيىلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغان جاي بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئىشتا («يۇھ.» 20:12-33دە)، «يىراقتىن كەلگەن» بىرنەچچە گرېكلەر رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ئالدىغا كىرمەكچى بولغاندا، (شۇ ۋاقىتتىچە رەببىمىز پەقەت يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈنلا خىزمەتتە بولۇپ كەلگەن) ئۇ كەلگۈسىدىكى ئۆز ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ئىشلارنى، يەنى مۇشۇ يات ئەللەرنىڭمۇ خۇدانىڭ پادىسىغا يىغىلىدىغانلىقىدىن بولىدىغان شان-شەرەپنى تىلغا ئالىدۇ («يۇھ.» 10:15-16).

مۇقەددەس چېدىرنىڭ دەۋرىدە ۋە سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانىنىڭ دەۋرىدە «يات ئەللەر»نىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە رۇخسەت يوق ئىدى. رەب ئەيسانىڭ كۈنلىرىدە ھېرود پادىشاھ قۇرغان ئىبادەتخانىدا بولسا «يات ئەللەر»نىڭ پەقەت ئەڭ تاشقىرىقى ھويلىسىغا كىرىشىگىلا بولاتتى؛ ئىچكىرىگە كىرسە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ئەمما ھازىر مەسىھ ئارقىلىق ئېچىلغان خۇدانىڭ ئالدىغا كىرىش يولى توغرۇلۇق مۇنۇلارنى ئوقۇيمىز: —

«لېكىن ئەسلى يىراقلاردا بولغان سىلەر ھازىر مەسىھنىڭ قېنى ئارقىلىق يېقىن قىلىندىڭلار؛ چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئىناقلىقىمىزدۇر، ئۇ ئىككى تەرەپنى بىر قىلىپ ئوتتۇرىدىكى ئارا تامنى چېقىۋەتتى» (ئەفەسۇسلۇقلار» 13:2، 14).

زەكەرىيا پەيغەمبەرگە بۇيرۇلغان ئىش مۇنداق: —

(ئا) زەفانىيانىڭ ئوغلى يوسىيانىڭ ئۆيىگە بېرىشى كېرەك. مۆتىۋەر كىشىلەر شۇ يەرگە كەلگەنىدى. 14-ئايەتتىن شۇنى كۆرىمىزكى، يوسىيا ھەقىقەتەن «ئىبراھىمنىڭ ئوغلى»غا مۇۋاپىق مېھماندوست بولۇپ، «مېھرىبانلىقى» بىلەن مۇشۇ مۇساپىرلارنى ئۆز ئۆيىدە قوندۇرغانىدى.

(ئە) زەكەرىيا «شۇ كۈنى» شۇ ئۆيگە كىرىپ، مۇشۇ مۇساپىرلار بابىلدىكىلەرگە ۋاكالىتەن ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن بىر قىسمىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر «تاج» ياسىشى كېرەك ئىدى. ئىبرانىي تىلىدا مۇشۇ سۆز كۆپلۈك شەكىلدە («ئاتاروت»)، يەنى «تاجلار» دېيىلىدۇ. «ئايۇپ» 36:31دە شۇ ئوخشاش سۆز ئىشلىتىلگەچكە، ئۇنىڭ مەنىسىنى «كۆپ چەمبىرەكلەردىن ئۆرۈلگەن چاچۋاغسىمان تاج» دەپ چۈشىنىمىز.

«ۋەھيي» 19-بابتا رەب ئەيسا مەسىھ «بېشىدا نۇرغۇن تاجى بولۇپ» دېيىلىدۇ؛ بۇمۇ گۈل چەمبىرەكتەك «كۆپ چەمبىرەكلەردىن ئۆرۈلگەن تاج» بولۇشى كېرەك.
(ب) زەكەرىيا مۇشۇ تاجنى يەشۇئانىڭ بېشىغا تاقىشى كېرەك. بۇ ئىشنىڭ تولۇق ئەھمىيىتى دەل بۇ تاجنىڭ يەشۇئانىڭ بېشىغا تاقىلىشىدا.

## بېشارەت ئۆزى (12-15)

تاجنى يەشۇئانىڭ بېشىغا تاقىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئۇنىڭغا مۇنداق خەۋەرنى يەتكۈزۈشى كېرەك ئىدى: —

««ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: قاراڭلار، «شاخ» دەپ ئاتالغان ئىنسان! ئۇ ئۆز تۇۋۈدىن ئورنىدا شاخلىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرىدۇ» — دېگىن.

«بەرھەق، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرغۇچى دەل شۇ بولىدۇ؛ ئۇ شۇ شاھانە شان-شەرەپنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆز تەختىگە ئولتۇرۇپ ھۆكۈم سۈرىدۇ؛ ئۇ تەختىگە ئولتۇرىدىغان كاھىن بولىدۇ؛ خاتىرجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەمكارلىق ئۇلار ئىككىسى ئارىسىدا بولىدۇ».

بۇ مەسىھنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدىكى بېشارەتلەردىن ئەڭ ئاجايىپ ۋە ئەڭ قىممەتكە ئىگە بولغانلاردىن بىرىدۇر؛ ئۇ بىزگە: بىرىنچىدىن، قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ قانداق شەخس ئىكەنلىكىنى؛ ئىككىنچىدىن، قۇتقۇزغۇچىنىڭ كەلگۈسىدە ئولتۇرىدىغان ئورنىنى؛ ئۈچىنچىدىن، قۇتقۇزغۇچىنىڭ كەلگۈسى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بېشارەتكە تەپسىلىي قارايلى: —

«قاراڭلار، «شاخ» دەپ ئاتالغان ئىنسان!» — ئەسلىدە دۇنياغا ھاياتنى ئاتا قىلىشقا كەلگەن ئىنسانىنىڭ رەسۋا قىلىنىپ ئاھانەتلىك بىر ئۆلۈمگە باشلانغان كۈنىدە ۋالىي پىلاتۇس دەل مۇشۇ سۆزلەر بىلەن ئەيسانى يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئالدىغا چىقاردى: «قاراڭلار، شۇ ئىنسان!» («يۇھ.» 5:19).

ئەمما مۇشۇ يەردە بۇ سۆزلەر مەسىھ («شاخ»)نىڭ خۇدانىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىردىنبىر ئادىمى، «ئەڭ ئېسىل ئادەم»، «پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مۇكەممەل ۋەكىل بولغۇچى»، «خۇدانىڭ تولۇق سۈرەت-ئوبرازى» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇ بىزنىڭ ئۆرنىمىزدا نىجاتقا ئېرىشكەندە «تىكەنلەردىن بولغان تاج» بىلەن كىيىنگەندىن كېيىن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ ئىنئامى ئۈچۈن «شان-شەرەپ ۋە شۆھرەتلەر تاج قىلىپ كىيدۈرۈلدۇ» ۋە «بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدا بويسۇندۇرۇلدۇ» («زەب.» 5:8، «ئىبر.» 2:6-10).

خۇدا ئۆز مەسىھى توغرۇلۇق سۆز قىلغاندا تەۋراتتا تۆت مۇشۇنداق ئىبارە ئىپپىلىدۇ. ئۇلار بولسا: —

«قاراڭلار،... شۇ ئىنسان!» («زەك.» 6:2)

«قاراڭلار،... مېنىڭ ئۆز قۇلۇم!» («يەش.» 1:42، 13:52)

«قاراڭلار،... سېنىڭ پادىشاھىڭ!» («زەك.» 9:9)

«مانا، خۇدايىڭلارغا قاراڭلار» («يەش.» 9:40)

مەسىھنىڭ ئىنجىلنىڭ «تۆت بايانى»دا ئايرىم-ئايرىم تەكىتلەنگەن بۇ ئالاھىدە تۆت تەرىپى ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: (1) «ئىنسان!» («لۇقا»)، (2) «مېنىڭ قۇلۇم» («ماركۇس»)، (3) «سېنىڭ پادىشاھىڭ» («ماتتا»)، (4) «سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار» («يۇھاننا»).

«قاراڭلار، «شاخ» دەپ ئاتالغان ئىنسان!» دېگەن سۆزلەر كاھىن يەشۇئاغا دېيىلگىنى بىلەن، كۆرسەتكەن ئوبيېكتى ھەرگىز يەشۇئانىڭ ئۆزى ئەمەس. يەشۇئا ھېچقاچان ھېچقانداق تەختكە ئىگە بولمىدى ۋە بولالمىدى؛ ئۇ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مەسئۇل ئەمەس ئىدى (زەرۇببابەل مەسئۇل ئىدى)؛ ۋە ئۇ ھېچقاچان «شاھانە شان-شەرەپ»نى كۆتۈرگەن ئەمەس. شۇڭا يەشۇئانىڭ مۇشۇ يەردە «تاجلىنىشى» پەقەت كەلگۈچى پادىشاھقا بېشارەتلىك رەسىم بولىدۇ.

بېشارەت بۇ ئالاھىدە ئىشلارنى ئالدىنئالا ئېيتىدۇ: —

(ئا) «تەختكە ئولتۇرغان بىر كاھىن بولىدۇ»

(ئە) «ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرغۇچى بولىدۇ»

(ب) «ئۇ شاھانە شان-شەرەپنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ» ۋە «ئۆز تەختىگە ئولتۇرىدۇ»

(پ) «يىراقتا تۇرۇۋاتقانلار كېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرۇش خىزمىتىدە بولىدۇ».

پەقەت مەسىھنىڭ ئۆزى مۇشۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئىنجىلدا گۇۋاھلىق بېرىلگەندەك، «ناسارەتلىك ئەيسا» ھەم كاھىن ھەم پادىشاھ بولدى؛ «يىراقتا تۇرۇۋاتقان» ئەللەر ئۇنىڭ «شاھانە شان-شەرىپى»نى ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە؛ ۋە ئۇ ھازىرمۇ خۇدانىڭ ئۇلۇغ روھىي ئىبادەتخانىسى، يەنى بارلىق ئېتىقادچىلاردىن تەركىب تاپقان خۇدانىڭ جامائىتىنى قۇرماقتا («يۇھ.» 29:2، «ئەف.» 22:2).

باش كاھىن يەشۇئا ئۆزى تاجلىنىدىغان بېشارەتلىك ھەرىكەتنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا كېيىنكى بېشارەتنىڭمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. سەۋەبلىرى بولسا: ــ

(ئا) يەشۇئا لاۋىي قەبىلىسىدىن چىققان كاھىن بولغاچقا، ئۇنىڭغا تاج كىيگۈزۈلمەيتتى ياكى ھېچقانداق تەختكە ئولتۇرالمايتتى. تەۋرات دەۋرىدە خۇدانىڭ بېكىتكىنى بويىچە كاھىن بولۇشتىكى ۋە پادىشاھ بولۇشتىكى ئىمتىيازلار ئايرىم-ئايرىم قەبىلىلەرگە، يەنى لاۋىي ۋە يەھۇدا قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغانىدى.

(ئە) ھېچقانداق پەيغەمبەر داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ يېرۇسالېمدا بىرەر تەختكە ئولتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى قەتئىي بېشارەت قىلالمايتتى (خۇدا مۇشۇ ھوقۇقنى مەڭگۈگە داۋۇت ۋە ئەۋلادلىرىغا تەقدىم قىلغان).

ھالبۇكى، مۇشۇنداق تاجلىنىشى بىلەن يەشۇئا مەسىھنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدىغان مۇكەممەل بىر رەسىم بولدى. مەسىلەن، «زەبۇر»دىكى 110-كۈيدە خۇدانىڭ ۋەكىلى بولغان پادىشاھ كۆرسىتىلىپ: ــ

«ئۇ غەزىپىنى كۆرسەتكەن كۈنىدە پادىشاھلارنى ئۇرۇپ يېرىۋېتىدۇ؛
ئۇ ئەللەر ئارىسىدا سوتلايدۇ» ۋە: ــ
«پەرۋەردىگار شۇنداق قەسەم ئىچتى،
ھەم بۇنىڭدىن يانمايدۇ: ــ
سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە مەلكىزەدەكنىڭ تىپىدىكى بىر كاھىندۇرسەن» دېيىلىدۇ.

3-بابتا يەشۇئاغا: «ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ھەمراھلىرىمۇ ... بېشارەتلىك ئادەملەر» (يەنى، «بېشارەتلىك بىر رەسىم») دېيىلگەن بولغاچقا، ئۇ مۇشۇ بېشارەتلىك ھەرىكەتنى كاھىنلىقى مەڭگۈ بولىدىغان

«شاھانىلىك كاھىن» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ يەتكەن بولۇشى كېرەك.

زەكەرىيا پەيغەمبەر ئۆتكەن بۇ «بېشارەتلىك ۋەزىپە» يەنە مەسىھنىڭ «بىرىنچىدىن كاھىن، ئاندىن پادىشاھ» بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى يەشۇئا ئۆزى ئالللىقاچان باش كاھىن ئىدى؛ ئۇ شۇ سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقاندا «تاج» ئۇنىڭغا بېرىلدى. شۇ ھەرىكەت روسۇل پاۋلۇسنىڭ: «مەسىھ ئەيسا... ئىنسانلارنىڭ سىياقىغا كىرىپ، ئىنسانىي تەبىئەتتىن ئورتاقداش بولۇپ، ئۆزىنى تۆۋەن قىلىپ، ھەتتا ئۆلۈمگىچە، يەنى كرېستتىكى ئۆلۈمگىچە (كاھىنلىق يولدا) ئىتائەتمەن بولدى؛ شۇڭا خۇدا ئۇنى ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەرتىۋىلىك قىلدى» دېگىنىگە ئوخشاشتۇر («فىل.» 2:7-9).

بۇ «بېشارەتلىك ھەرىكەت»نىڭ يەشۈئانى ئەمەس، بەلكى مەسىھنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتكىنىگە: «قاراڭلار، «شاخ» دەپ ئاتالغان ئىنسان!» دېگەن سۆز كۈچلۈك ئىسپاتتۇر. چۈنكى 3-باب توغرۇلۇق توختالغىنىمىزدەك، تەۋراتتا «شاخ» دېگەن ئۇنۋان پەقەت مەسىھنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۆت تەرەپلىمىلىك خىزمىتىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئۇ ئۆز تۇۋىدىن ئورنىدا شاخلىنىدۇ» — دېمەك، مەسىھ ئۆز يىلتىزىدىن تەبىئىي ھالدا ئۆسىدۇ. بۇ سۆزلەر تەۋراتتا «مىس.» 23:10دىمۇ تېپىلىدۇ: «ھېچكىم ئۆز جايىدىن قوزغالماس بولدى». مۇشۇ ئىبارە، شۈبھىسىزكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئالدىنئالا ئېيتقاندەك تۆۋەندىكى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ:

(1) نەسەب جەھەتتىن مۇشۇ شەرەپلىك «شاخ» ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىن، يەھۇدا قەبىلىسىدىن، داۋۇتنىڭ جەمەتىدىن بولىدۇ؛

(2) يەر-زېمىن جەھەتتىن ئۇ «ئىممانۇئەلنىڭ زېمىنىدىن»، «بەيت-لەھەم ئەفراتاھ» دېگەن يېزىدىن چىقىشى كېرەك؛

(3) مۇشۇ ئىبارە يەنە شۈبھىسىزكى، مەسىھنىڭ «كېلىپ چىقىشى»نىڭ تۆۋەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شۇ تۆۋەن ئورنىدىن قەدەممۇقەدەم ئۇلۇغلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ دۇنياغا بىرىنچى كېلىشى ئاددىي ئىنسانىي تۇغۇت بىلەن بولغان بولسا، ئىككىنچى كېلىشى «ئاسمانلارنىڭ بۇلۇتلىرى»نىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

ئەمدى مەسىھنىڭ خىزمىتىگە كېلەيلى: —

«ئۇ ئۆز تۇۋىدىن ئورنىدا شاخلىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرىدۇ...بەرھەق، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرغۇچى دەل شۇ بولىدۇ (ئىبرانىي تىلىدا «دەل شۇنىڭ ئۆزىدۇر»)».

بۇ سۆزنىڭ قايتىلىنىشى ۋە «ئۇ» دېگەن ئالماشنىڭ كۈچلۈك تەكىتلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى: —

(ئا) بۇ ئىشنىڭ جەزمەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن؛

(ئە) مەسىھنىڭ ھەقىقىي، ئەبەدىي ئىبادەتخانىنى ئۆز تېنىدىن قۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بولۇشىمۇ مۇمكىن «يۇھ.» 2:19-22).

مۇشۇ بېشارەت كاھىن يەشۇئا ۋە شاھزادە زەرۇببابەلنى ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىنى قۇرۇشتىكى جاپالىق خىزمەتلىرىدە زور رىغبەتلەندۈرگەن بولسا كېرەك؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ قۇرۇش خىزمىتى مەسىھنىڭ كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ ئۇلۇغ خىزمىتىگە، يەنى ئۇنىڭ «تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىبادەتخانا»نى قۇرۇش خىزمىتىگە ئالدىنئالا كۆرسەتكەن «بېشارەتلىك رەسىم» بولدى («ھاگ.» 2:9).

ئەمدى بۇ بېشارەت ۋە تەۋراتتىكى باشقا بېشارەتلەر بويىچە، مەسىھ قايسى ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ؟

(ئا) تەۋراتتىكى كۆپ بېشارەتلەرگە ئاساسەن، مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كېلىشى بىلەن ۋە شۇنداقلا ئىسرائىل خەلقى توۋا قىلغاندىن كېيىن ئۆزى ياكى ئۆز نارارەتچىلىكى ئاستىدا يېرۇسالېمدا يېڭى بىر جىسمانىي ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ. شۇ ئىبادەتخانا ئۇنىڭ «مىڭ يىللىق سەلتەنەت»تە «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى» بولىدۇ؛ «خۇدانىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلاردا مېڭىش ئۈچۈن» «بارلىق ئەللەر ئۇنىڭغا قاراپ ئېقىپ كېلىشىدۇ»؛ شۇ ئۆي «بارلىق ئەل-يۇرتلار ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدىغان ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ («يەش.» 2:2-4، 56:6-7، «مىك.» 4:1-7، «ئەز.» 40-43-بابلار).

(ئە) ھالبۇكى، «ئەڭ ئالىي بولغۇچى ئىنساننىڭ قوللىرى بىلەن ياسىغان جايلاردا تۇرمايدۇ». ئىنساننىڭ قوللىرى بىلەن ياسىغان بارلىق بۇنداق ئىبادەتخانىلار (خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن قۇرۇلغان بولسىمۇ) پەقەت خۇدانىڭ ئەزەلدىن ئىنسان بىلەن تۇرغۇزماقچى بولغان ئالاقىسىنىڭ بىر ئىپادىسى ياكى رەسىمىدۇر، خالاس («1پاد.» 8:27، «يەش.» 66:1-2، «روس.» 7:48-50،

24:17، «2كور.» 1:5نى كۆرۈڭ).

ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتخانا ««مەسىھنىڭ تېنى» بولغان ئىبادەتخانا»دۇر («يۇھ.» 22-19:2)، مانا بۇ خۇدانىڭ نىيىتىدىكى ئۆزى خالىغان مەڭگۈلۈك ۋە روھىي ئىبادەتخانىدۇر («ئەف.» 22-13:2، 10:3، «1پېت.» 10-4:2). ئۇ ئۇنىڭغا پەقەت ئۆز مېھىر-شەپقىتىگە ئاساسەن بارلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى كىرگۈزىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ئىبادانەتخانىنىڭ بىر قىسمى قىلىدۇ («1پېت.» 10-4:2)؛ مانا بۇ «جامائەت»، خۇدانىڭ ئۆيىدۇر. بۇ ئىنجىلدا ناھايىتى چوڭ تېمىدۇر؛ ئوقۇرمەنلەر ئىنجىلنى ئوقۇش ئارقىلىق بۇ توغرۇلۇق كۆپرەك ئىزدەنسۇن! «ھاگاي»دىكى قوشۇمچە سۆز»دىمۇ «خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى» دېگەن ئاجايىب تېمىدا ئازراق سۆزلىدۇق.

«ئۇ شۇ شاھانە شان-شەرەپنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ»

«شان-شەرەپ» ئىبرانىي تىلدا «خود» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە «خود» «ئىپتىخارلىق»نى بىلدۈرىدۇ، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا «شاھانە شان-شەرەپنى»نى بىلدۈرىدۇ («يەر.» 18:22، «1تار.» 25:29، «دان.» 21:11). «خود» دائىم دېگۈدەك خۇدانىڭ ئالاھىدە شان-شەرىپىنى كۆرسىتىدۇ؛ بەزى چاغلاردا ئۇ خۇدا ھەيۋەت ئاتا قىلغان بەزى شەخسلەرنىڭ ھەيۋىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن، مۇسا ۋە يەشۇئا پەيغەمبەرلەر توغرۇلۇق («چۆل-باياۋاندىكى يۇرۇش» 20:28)، خۇدا سۇلايمانغا بەرگەن ھەيۋىسى توغرۇلۇق («1تار.» 25:29) ئىشلىتىلىدۇ. «زەبۇر» 1:21دە ئۇ شۈبھىسىزكى مەسىھنىڭ شان-شەرىپىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبرانىي تىلدا بۇ ئايەتتە «ئۇ» ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ: «باشقا ھېچكىشى ئەمەس، ئۇ ئۆزى ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ؛ باشقا ھېچكىشى ئەمەس، ئۇ ئۆزى شۇ شاھانە شان-شەرەپنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ» دېگەندەك. ھەم خىزمىتىدە ھەم ئالىدىغان ئىنئامىدا ئۇ تەڭداشسىزدۇر؛ «كالام ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ماكانلاشتى؛ ۋە بىز ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە قارىدۇق ــ ئۇ شان-شەرەپ بولسا، ئاتىنىڭ يېنىدىن كەلگەن، مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتكە تولغان بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنىڭكىدۇر» («يۇھ.» 14:1، 11:2نى كۆرۈڭ).

(ئا) ئۇ (مەسىھ)نىڭ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى بار، ئۇ يەر-يۈزىدە خىزمەت قىلغاندا شۇ شان-شەرەپ كۆرۈندى؛

(ئە) خۇددى يەشايا پەيغەمبەر ئۇ توغرۇلۇق «ئۇ ئالەم ئالدىدا كۆتۈرۈلىدۇ، يۇقىرى ئورۇنغا چىقىرىلىدۇ، ناھايىتى ئالىي ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈلىدۇ» دېگەندەك («يەش.» 13:52)، ئۇ ئۆلۈمدىن تۇرۇپ «ئاسمانلارغا كۆتۈرۈلۈشى» بىلەن ئۇنىڭغا ھازىر تېخىمۇ كۆپ شەرەپ قوشۇلۇپ: «ھازىر شان-شەرەپ ۋە ھۆرمەت تاجى كىيدۈرۈلگەن» («ئىبر.» 9:2).

(ب) ئۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ، «خۇدا ئۇنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىنى تەختىپەرى قىلىپ» («زەب.» 1:110) ئۇ ئۆزىنىڭ (دېمەك، ئۆزگە تەۋە بولغان) تەختىگە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى سۈپىتىدە ئولتۇرىدۇ. شۇ چاغدا دەرۋەقە ئۇنىڭ بېشىدا «كۆپ تاجلار» بولىدۇ («ۋەھ.» 12:19)؛ چۈنكى خۇدائاتىسى ئۇنىڭغا شاھانە شان-شەرەپ قوشۇپلا قالماي، ئىنسانلارمۇ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئىسرائىلى ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ؛ ئۇ داۋۇتنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى بولۇپ، تەختنىڭ «ھوقۇق ئىگىسى»دۇر («يار.» 10:49)؛ «ئۇ بولسا ئاتىسىنىڭ جەمەتى ئۈچۈن شەرەپلىك ھوقۇق-تەخت بولىدۇ؛ خەقلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسىنىڭ بارلىق شۆھرەتلىرىنى يۈكلەيدۇ؛ يەنى بارلىق ئۇرۇق-نەسىللىرىنى، بارلىق كىچىك قاچا-قۇچىلارنى، پىيالە-جاملاردىن بارلىق كۈپ-ئىدىشلارغىچە ئاسىدۇ» («يەش.» 22:22-24). شۇڭا: –

«ئۇ ئۆز تەختىگە ئولتۇرۇپ ھۆكۈم سۈرىدۇ» (13-ئايەت).

گەرچە ئۇنىڭ سەلتەنىتى مۇتلەق بولسىمۇ، بۇ سەلتەنەت پۈتۈنلەي مېھرىبانلىق بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ: –

«ئۇنىڭ كۈنلىرىدە ھەققانىيلار روناق تاپىدۇ؛
ئاي يوق بولغۇچە تىنچ-ئامانلىق تېشىپ تۇرىدۇ.
ئۇ دېڭىزدىن-دېڭىزلارغىچە،
ئەفرات دەرياسىدىن يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ.
چۆل-باياۋاندا ياشاۋاتقانلار ئۇنىڭ ئالدىدا باش قويىدۇ؛
ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى توپىلارنى يالايدۇ.
تارشىشنىڭ ۋە ئاراللارنىڭ پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلىدۇ،
شېبا ۋە سېبانىڭ پادىشاھلىرىمۇ سوۋغاتلار سۇنىدۇ.
دەرۋەقە، بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىدۇ؛

پۈتكۈل ئەللەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ؛
چۈنكى ئۇ پەرياد كۆتۈرگەن يوقسۇللارنى،
پاناھسىز ئېزىلگەنلەرنى قۇتۇلدۇرىدۇ؛
ئۇ يوقسۇل-ئاجىزلارغا ئىچىنى ئاغرىتىدۇ،
يوقسۇللارنىڭ جېنىنى قۇتقۇزىدۇ؛
ئۇلارنىڭ جېنىنى زۇلۇم-زومىگەرلىكتىن ھۆرلۈككە چىقىرىدۇ،
ئۇلارنىڭ قېنى ئۇنىڭ نەزىرىدە قىممەتلىكتۇر.
پادىشاھ ياشىسۇن!
شېبانىڭ ئالتۇنلىرىدىن ئۇنىڭغا سۇنۇلىدۇ؛
ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا توختاۋسىز قىلىنىدۇ؛
ئۇنىڭغا كۈن بويى بەخت تىلىنىدۇ؛
يەر يۈزىدىكى ھوسۇل مول بولىدۇ،
ھەتتا تاغ چوققىلىرىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ مېۋىسى لىۋاندىكى ئورمانلاردەك سىلكىنىدۇ؛
شەھەردىكىلەر بولسا دالادىكى ئوت-چۆپلەردەك گۈللىنىدۇ؛
ئۇنىڭ نامى مەڭگۈگە ئۆچمەيدۇ،
ئۇنىڭ نامى قۇياش بولمىغۇچە تۇرىدۇ؛
ئادەملەر ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە بەخت تىلەيدۇ،
بارلىق ئەللەر ئۇنى بەختلىك دەپ ئاتىشىدۇ» (زەبۇر»، 72-كۈيدىن).
سەلتەنىتىنىڭ شۇ مېھرىبانلىق خاراكتېرى كېيىنكى جۈملە بىلەن چۈشەندۇرۇلىدۇ:

—

«ئۇ تەختكە ئولتۇرىدىغان بىر كاھىن بولىدۇ» (13-ئايەت).
زەكەرىياغا تاپشۇرۇلغان بارلىق بېشارەتلەردە كۆرسىتىلگەندەك، مۇشۇ يەردىمۇ «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ مەسىھ ۋە ئۇنىڭ خىزمىتى توغرۇلۇق دېگەنلىرىنىڭ تولىمۇ ئېنىق بىر يەكۈنى باردۇر.
ئۇ ھەقىقىي «مەلكىزەدەك»، «ھەققانىيەت پادىشاھى»، «سالېمنىڭ پادىشاھى»، يەنى «ئامانلىق پادىشاھى»دۇر؛ ئۇ لاۋىي كاھىنلىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ كاھىنلىقى «مەڭگۈلۈك بولىدۇ» («يار.» 20-18:14، «ئىبر.» 8:1-3).

ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ بارلىق خەلقى ئۈچۈن خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتقان كاھىندۇر («رىم.» 34:8، «ئىبر.» 2:5، 23:7-28، «1يۇھ.» 1:2). لېكىن ئۇ شۇ يەردىن دۇنياغا قايتىپ كېلىپ تەختىنى ئىگىلەپ، يەر يۈزىدە شۇ مۇتلەق سەلتەنىتىنى يۈرگۈزگىنىدىمۇ ئۇ يەنىلا «بىلىمسىزلەر ۋە يولدىن چەتنىگەنلەرگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان» «تەختكە ئولتۇرغان كاھىن» بولىدۇ («ئىبر.» 2:5)؛ ئۇنىڭ ھەققانىي قاتتىقلىقى پەقەت ئاسىيلار ۋە بۇزۇقلۇق قىلغۇچىلارغىلا قارىتىلغان بولىدۇ. چۈنكى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ «تۆۋەنكۆڭۈل، بۇگۈن ۋە ئەبەدىلئەبەدگىچە ئۆزگەرمەيدۇ!». ئۇنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئۇلۇغلۇقى ۋە شان-شەرىپى ئۇنىڭ مۇتلەق كۈچ-قۇدرىتىدە ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ بىزگە بولغان ۋە بولىدىغان شاپائىتىدىدۇر ـ ئۇ شاپائەت ئۆز ھاياتىنى كۆپ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پىدا قىلىشى ئارقىلىق ئايان بولدى ۋە شۇنداقلا ھازىرمۇ بىز ئۈچۈن، ئاسماندا بولسۇن يەردە بولسۇن كاھىنلىق قىلىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشى ئارقىلىق ئايان بولىدۇ.

«خاترجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەمكارلىق ئۇلار ئىككىسى ئارىسىدا بولىدۇ».

«خاترجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەمكارلىق» ـ بۇ ھەمكارلىق ئۆزىدە خاترجەملىك-ئاراملىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە باشقىلار ئۈچۈنمۇ خاترجەملىك-ئاراملىقنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ «ئىككىسى» كىم؟ ئۇلارنىڭ «ھەمكارلىق»ى نېمە؟

بەزى ئالىملار «ئىككىسى» دېگەن سۆزنىڭ «ئىككى ھوقۇق» دېگەن مەنىسى بولۇپ، بەلكىم مەسىھنىڭ «كاھىن» ھەم «تەختكە ئولتۇرغان پادىشاھ» دېگەن ئىككى سالاھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز داۋۇت بارون ئالىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، «ئىككىسى» دېگەن ئىبارىنى پەرۋەردىگار ھەم ئۇنىڭ مەسىھىنى، يەنى رەب ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. «زەبۇر»دىكى 110-كۈيدە پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ مەسىھىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەل شۇنداق بىر «ھەمكارلىق» ياكى «نەسىھەت» تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە شۇ يەردە مەسىھ «كاھىن ۋە پادىشاھ» دەپ ئاتىلىدۇ. زەكارىيانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار دەرۋەقە شۇ يولدا چۈشەنگەن بولسا كېرەك.

«ھەمكارلىق» ياكى «نەسىھەت»نىڭ نەتىجىسى، پۈتكۈل دۇنيا ئۈچۈن نىجاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ: —

«چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى پىدا بولۇشقا بەردى. مەقسىتى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىرى ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر» («يۇھ.» 16:3).

«... مەقسىتى كەلگۈسى زامانلاردا ئۇنىڭ مەسىھ ئەيسادا بىزگە قارىتىلغان مېھرىبانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن شاپائىتىنىڭ شۇنچە غايەت زور ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر...

ئۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن گۈزەل خاھىشى بويىچە ئىرادىسىدىكى سىرنى، يەنى ۋاقىت-زامانلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى ئىدارە قىلىپ، ھەممىنى، يەنى ئەرشلەردە بولغان ھەم زېمىندا بولغان مەۋجۇداتلارغا مەسىھنى باش قىلىپ، ئۇلارنى مەسىھتە جەم قىلىش مەقسىتىنى بىزگە ئايان قىلدى؛ ئۇنىڭدا بىزمۇ خۇداغا مىراس قىلىنغان؛ بىز شۇ مەقسەتتە بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئەقىل-ئىرادىسى بويىچە ئىدارە قىلغۇچىنىڭ نىشانى بىلەن ئالدىنئالا شۇ ئىشقا بېكىتىلگەندۇق» («ئەف.» 1:9-11، 7:2)

14-ئايەتكە ئۆتەيلى: —

«مۇشۇ چەمبەرسىمان تاج پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خەلەم، توبىيا، يەدايالارغا ۋە زەفانىيانىڭ ئوغلىنىڭ مېھرىبانلىقىغا بىر ئەسلەتمە ئۈچۈن قويۇلىدۇ».

بۇ ناھايىتى گۈزەل ئىشتۇر. «تاجلار» خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ئىچىدە ئەسلەتمە سۈپىتىدە قويۇلىدىغان بولىدۇ. لېكىن بۇ پەقەت خۇدانىڭ ئۆيىگە ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ ھەدىيە-سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن شۇ ئۈچ مۆتىۋەر كىشىلەرگە ئەسلەتمە بولۇپلا قالماي، بەلكى «زەفانىيانىڭ ئوغلىنىڭ مېھرىبانلىقى»غىمۇ ئەسلەتمە بولىدۇ. شۇ كىشى ھەقىقەتەن «ئىبراھىمنىڭ بىر ئەۋلادى» بولۇپ، تولىمۇ مېھماندوستلۇق بىلەن شۇ ئۈچ مۇساپىرنى ئۆيىگە قوبۇل قىلغانىدى. قارىغاندا، خۇدانىڭ يولىدا قىلىنغان بۇ ئىش دەرۋەقە كىچىككىنە بىر خىزمەت بولسىمۇ، لېكىن خۇدا تەرىپىدىن ئىنتايىن قىممەتلىك ھېسابلانغانىدى. ھەلداي (ياكى «ھەلەم»،

«زەفانىيانىڭ ئوغلى») شۇبھىسىزكى، شۇنى خۇدانىڭ نامىدا قىلغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھازىر رەب ئەيسا مەسىھگە بولغان سۆيگۈ ئۈچۈن قىلىنغان كۆپ مۇشۇنداق كىچىككىنە ۋە كۆرۈنۈشتە ئەھمىيەتسىزدەك تۇيۇلىدىغان ئىشلار ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئەسلىتىلىدۇ: ــ «مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ بۇ شاگىرتلىرىمدىن ئەڭ كىچىك بىرىنى مېنىڭ مۇخلىسىم دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ھەتتا پەقەت بىرەر چىنە سوغۇق سۇ بەرگەن كىشىمۇ جەزمەن ئۆزىگە لايىق ئىنئامدىن مەھرۇم بولمايدۇ» («مات.» 42:10).

«چۈنكى خۇدا قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىگە قىلغان ۋە ھازىرمۇ قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىڭلار ئارقىلىق ئۇنىڭ نامى ئۈچۈن كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتىڭلارنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئادالەتسىزلەردىن ئەمەس» («ئىبر.» 10:6). «شۇ سەۋەبتىن، بىزدە پۇرسەت بولسىلا، ھەممەيلەنگە، بولۇپمۇ ئېتىقادتىكى ئائىلىگە مەنسۇپ بولغانلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرەيلى» («گال.» 10:6).

ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئىبادەتخانىدا قويۇلغان مۇشۇ تاجلار شۇ تۆت كىشىگە ئەسلەتمە بولۇشى بىلەن، تاجلار يەنە: ــ «ۋە يىراقتا تۇرۇۋاتقانلار كېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرۇش خىزمىتىدە بولىدۇ» دېگەن شۇ بېشارەتكە بىرخىل سىمۋول ۋە كاپالەت سۈپىتىدىمۇ قويۇلغان.

«يىراقتا تۇرۇۋاتقانلار» دېگەن سۆزلەر پەقەت يىراق يۇرتلارغا تارقىتىلغان يەھۇدىي خەلقى بولۇپلا قالماي، بەلكى زەكەرىيانىڭ دەۋرىدىن كېيىنكى كەلگۈسىدە «يات ئەللىكلەر»نىڭ خۇدانىڭ يولىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىشى كېرەك. روسۇل پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ: «لېكىن ئەسلى يىراقلاردا بولغان سىلەر ھازىر مەسىھنىڭ قېنى ئارقىلىق يېقىن قىلىندىڭلار» («ئەف.» 13:2)؛ روسۇل پېترۇس خۇدانىڭ مۇقەددەس روھنى ئاتا قىلىش ۋەدىسى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى بۇ ۋەدە سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارغا، يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆزىگە چاقىرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتا قىلىنىدۇ» (روس.» 39:2).

ھازىر بولسۇن، مەسىھنىڭ كەلگۈسىدىكى «مىڭ يىللىق سەلتەنەت»دە بولسۇن، بۇ شەرەپلىك بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا ۋە ئاشۇرۇلىدۇ.

«شۇنىڭ بىلەن سىلەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر» ــ بۇ سۆزلەر 8:2-11 ۋە 9:4-ئايەتلەرنىڭ قايتىلىنىشىدۇر. شۇ ئايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، گەرچە مۇشۇ يەردە سۆزلىگۈچى پەيغەمبەر بولسىمۇ، ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا يوليورۇق بەرگۈچى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نىڭ ئۆزى دەپ ئىشىنىمىز؛ ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مېنى ئەۋەتكەن» دەيدۇ.

بېشارەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ــ
«ئەگەر پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىساڭلار بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ»

مۇشۇ سۆزلەر «قان.» 1:28دىن ئېلىنغان. شۇ يەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر سەن خۇدايىڭ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەن بۈگۈن ساڭا بېرىدىغان ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلسەڭ، خۇدايىڭ پەرۋەردىگار سېنى يەر يۈزىدىكى ھەممە قوۋملارنىڭ ئۈستىگە چوڭ قىلىدۇ» ۋە شۇنداقلا ئۇلار «كونا ئەھدە»، يەنى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇندا ۋەدە قىلىنغان بارلىق بەخت-بەرىكەتلەردىن مۇيەسسەر بولىدۇ. تەۋرات-قانۇنى دەۋرىدە، گەرچە ئۇلار «خۇدانىڭ بارلىق ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىمىز!» دېگەندەك ۋەدىلەرنى قىلىشنى خالىغان بولسىمۇ، لېكىن گۇناھكار تەبىئىتى بىلەن (ھەممىمىزگە ئوخشاش) ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە «كۆڭۈل بۆلۈپ قۇلاق سېلىپ»، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلغۇدەك ھېچقانداق دەرمانى يوق ئىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قانۇندا ۋەدە قىلىنغان بەرىكەتلەرگە مۇيەسسەر بولالماي، بەلكى ئۇنىڭ لەنىتىگە قالدۇرۇلغانىدى.

بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىتائەتمەن بولۇشى شەرت قىلىنغانىدى، شۇڭا بېشارەت چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدىغاندەك بىلىنىدۇ؛ لېكىن ئېسىمىزدە باركى، كەلگۈسىدە خۇدا ئىسرائىل بىلەن «يېڭى بىر ئەھدە» تۈزىدۇ. «قانۇن ئاستىدا» قەتئىي مۇمكىن بولمىغان ئىشلار ئەمدى «شاپائەت ئاستىدا» مۇمكىن بولىدۇ؛ «يېڭى ئەھدە»نىڭ ئىچىدىكى بەخت-بەرىكەتلەردىن بىرى بولسا

خۇدانىڭ قانۇن-ئەمرلىرىنىڭ كۆكلۈللەرگە يېزىلىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ؛ «يەر.» 38:32-41دە شۇنى ئوقۇيمىز: –

«ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن. مەن ئۇلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن بولغان باللىرى بارلىق كۈنلىرىدە مەندىن ئەيمىنىپ ياخشىلىق كۆرسۇن دەپ، ئۇلارغا بىر قەلب، بىر يولنى ئاتا قىلىمەن.

مەن ئۇلارغا ئىلتىپات قىلىشتىن قولۇمنى ئىككىنچى ئۈزمەسلىكىم ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مەڭگۈلۈك ئەھدە تۈزىمەن؛ ئۇلارنىڭ قايتىدىن يېنىمدىن چەتلىمەسلىكى ئۈچۈن مەن قەلبىگە قورقۇنچۇمنى سالىمەن. مەن ئۇلارغا ياخشىلىق ئاتا قىلىشتىن ھۇزۇر ئېلىپ شادلىنىمەن ۋە پۈتۈن قەلبىم، پۈتۈن جېنىم بىلەن ئۇلارنى مۇشۇ زېمىنغا تىكىپ تۇرغۇزىمەن!».

شۇ ئىشلار بولغاندىن كېيىن، ئىسرائىل پەرۋەردىگار خۇداسىغا خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن ئىتائەتمەن بولۇشى بىلەن، بېشارەت «ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ»، «يېراقتا تۇرۇۋاتقانلار كېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قۇرۇش خىزمىتىدە بولىدۇ» «پەرۋەردىگار پۈتكۈل يەر يۈزى ئۈستىدە پادىشاھ بولىدۇ؛ شۇ كۈنى پەقەت بىر «پەرۋەردىگار» بولىدۇ، يەر يۈزىدە بىردىنبىر ئۇنىڭلا نامى بولىدۇ» («زەك.» 9:14).

مۇشۇ يەردە قوشۇمچە ئىزاھلاپ ئۆتكۈمىز بار. گەرچە لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان كاھىنلار رەسمىي ھالدا پادىشاھ قىلىنمىغان بولسىمۇ، زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ 500 يىل ئىچىدە ئىسرائىلنى ئىدارە قىلغۇچىلار ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ باش كاھىنلىرى ئىدى. ئىسرائىلنىڭ تارىخىنى مۇنداق بۆلۈشكە بولىدۇ: –

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000-1500-يىللاردا ئىسرائىل «ئاتىلىرى» (ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ، يۈسۈپ) تەرىپىدىن يېتەكلەندى؛ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1500-1000-يىللاردا پەيغەمبەرلەر (مۇسادىن سامۇئىلغىچە) تەرىپىدىن يېتەكلەندى؛ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000-500-يىللاردا پادىشاھلار ياكى شاھزادىلەر تەرىپىدىن يېتەكلەندى؛ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500-يىلدىن باشلاپ مەسىھنىڭ كېلىشىگىچە باش كاھىنلار تەرىپىدىن يېتەكلەندى. ھالبۇكى، مەيلى قايسى يېتەكچىلىك بولسۇن،

ئىسرائىلنى يەرگە قارىتىپ قويغانىدى. پەقەت ئاتا، پەيغەمبەر، كاھىن ۋە پادىشاھ بىر بولغاندىلا ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايتتى – بۇ تۆتىسىنىڭ تۆت خىل يېتەكچىلىكى پەقەت بىردىنبىر ئەيسا مەسىھدىلا بىرلەشتۈرۈلدى، ئەلۋەتتە.

## (4) روزا تۇتۇش مەسىلىسى ـ ئىنكار جاۋاب ۋە ئۈمىدلىك جاۋاب (7ـ8ـباب)

«دارىئۇس پادىشاھنىڭ تۆتىنچى يىلى توققۇزىنچى ئاي، يەنى «خىسلەۋ»نىڭ تۆتىنچى كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى زەكەرىياغا كەلدى. شۇ چاغدا بەيت-ئەل شەھىرىدىكىلەر شەرەزەر ۋە رەگەم-مەلەكلەرنى پەرۋەردىگاردىن ئىلتىپات سوراشقا ئەۋەتكەنىدى. بەيت-ئەلدىكىلەر: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى كاھىنلاردىن، شۇنىڭدەك پەيغەمبەرلەردىن: «ھەربىرىمىز كۆپ يىللاردىن بېرى قىلغىنىمىزدەك، بەشىنچى ئايدا ھەربىرىمىز يەنىلا ئۆزىمىزنى باشقىلاردىن ئايرىپ، يىغا-زارغا ئولتۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟» ـ دەپ سوراۋاتلار» دەپ تاپىلىغانىدى».

بۇ يەردىكى بېشارەت ياكى بېشارەتلىك جاۋاب (7ـ8ـبابلار) سەككىز كۆرۈنۈش كۆرۈنگەن كېچىدىن تەخمىنەن ئىككى يىل كېيىن بېرىلدى. سەككىز كۆرۈنۈشتە خۇدانىڭ ئىسرائىلغا ھەم ئەللەرگە بولغان ئاخىرقى زامانلارغىچە بولغان مۇددىئا-مەقسەتلىرى ئايان قىلىندى. مۇشۇ «بېشارەتلىك جاۋاب» كۆرۈنۈشلەردىكى تۈپ مۇھىم خەۋەرلەرنى ئىخچام ۋە ئاددىي شەكىلدە بىۋاستە يەتكۈزىدۇ.

بېشارەت بېرىلگەن ۋاقىت «دارىئۇس پادىشاھنىڭ تۆتىنچى يىلى توققۇزىنچى ئاي» (دېكابىر) ئىدى (1:7نىمۇ كۆرۈڭ). «ئەزرا» 15:6دىن ئۇلار شۇ ۋاقىتتا قۇرۇۋاتقان ئىبادەتخانىنىڭ پۈتۈشكە يەنە ئىككى يىل قالغان، دەپ ئۇقىمىز.

مۇشۇ كىشىلەرنىڭ سوئال قويغان ۋاقتى «دارىئۇس پادىشاھنىڭ تۆتىنچى يىلى» ئىدى. شۇ چاغدا ئىسرائىلنىڭ پەلەستىنگە قايتقان «قالدىسى»غا نىسبەتەن ۋەزىيەت سەل ئوڭشالغانىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۆتۈرۈلگەنىدى. «ئەزرا» 6-بابتا خاتىرىلەنگەنىدەك، ئىبادەتخانىنى پۈتكۈزۈشكە بارلىق توسالغۇلار دارىئۇسنىڭ بىر يارلىقى

بىلەن يوق قىلىندى. گەرچە يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ سېپىلى ۋە بەزى مەھەللىلىرى تېخىچە خارابە ھالەتتە تۇرسىمۇ، خېلى ئاۋاتلاشقانىدى؛ ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىرنەچچە كۆركەم ئۆيلەر بار ئىدى («ھاگ.» 4:1).

بۇ كىشىلەر تىلغا ئالغان «بەشىنچى ئايدىكى روزا» ئەسلىدە يەتمىش يىل بۇرۇن بابىلغا سۈرگۈن بولغانلار سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، شۇنداقلا زېمىنىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا سېغىنىپ ھەسرەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى بابىل ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنلىرى ئىبادەتخانىنى بەشىنچى ئاينىڭ 9-كۈنىدە ۋەيران قىلغانىدى، ئاندىن خەلقنى سۈرگۈن قىلىپ، يەتمىش يىل ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرگەنىدى. ئەمدىلىكتە سۈرگۈن بولغانلار قايتىپ كېلىپ، ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرماقتا ئىدى؛ شۇڭا «خەلقنىڭ قالدىلىرى»نىڭ «يەنە روزا تۇتۇش كېرەكمۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇشى تەبىئىي ئىدى. كۆپ كىشىلەر شۇنداق ئويدا بولغانلىقى پەيغەمبەرنىڭ جاۋابىدىن ئىسپاتلىنىدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ جاۋابى دەل «زېمىندىكى بارلىق تۇرۇۋاتقان خەلق»قە قارىتىلىدۇ.

1-3-ئايەتلەر توغرىسىدىكى بىرنەچچە قىزىق نۇقتىلار: —

(1) بەيت-ئەل شەھىرىنى سۈرگۈنلۈكتىن قايتقانلار قايتىدىن قۇرغانىدى. بەيت-ئەلنىڭ ئەسلىدىكى ئاھالىسىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كۆپ كىشىلەر، شۇنداقلا باشقا قەبىلىلەردىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭدا ئولتۇراقلاشقانىدى («ئەزرا» 28:2، «نەھ.» 32:7، 31:11). گەرچە ئىلگىرى بەيت-ئەل بۇتپەرەسلىكنىڭ بىر مەركىزى ۋە شۇنداقلا «شىمالىي پادىشاھلىق» (ئىسرائىل») بىلەن «جەنۇبىي پادىشاھلىق» («يەھۇدا») ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىشنىڭ سەۋەبچىسى بولغان بولسىمۇ، ھازىر بەيت-ئەلدىكىلەرنىڭ گېپىدىن ھېچقانداق «بۆلگۈنچىلىك» ياكى ئايرىمچىلىقنىڭ پۇرىقى چىقمايدۇ؛ ئېنىقكى، ئۇلار يېرۇسالېمنى خۇدا ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن بېكىتكەن جاي، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

(2) بەيت-ئەلدىكىلەرگە ۋەكىل بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى، يەنى «شېرەزەر» ۋە «رەگەم-مەلەك» ئاسۇرىيەلەر ياكى بابىللار چوقۇنغان بۇتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى («يەش.» 38:38، «يەر.» 3:39-13دىن بىرنەچچە مىساللار كۆرۈنىدۇ). بابىل ئىمپېراتورى نېبوقادنەسار دانىيال ۋە ئۈچ دوستىنى ئوردىسىدا خىزمىتىدە بولۇشقا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭدەك بۇ

ئۈچ كىشى ئەسلىدە ئاسۇرىيە ياكى بابىل ئىمپېرىيەسىدە مۇھىم ئەمەل تۇتقان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغىمۇ شۇ ئىسىملار قويۇلغانىدى.

(3) ۋەكىللەر «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىكى كاھىنلاردىن» يول سورىغىلى كەلگەنىدى. مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە كاھىنلار، شۇنداقلا لاۋىيلارنىڭ «ياقۇپقا خۇدانىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۇقتۇرۇشى»، «ئىسرائىلغا قانۇنىنى ئۆگىتىش»ى كېرەك ئىدى («قان.» 10-8:33). «كاھىننىڭ لەۋلىرى ئىلىم-بىلىمنى ساقلىشى كېرەك، خەقلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇقەددەس قانۇنىنى ئىزدىشى لازىم» («مال.» 7-5:2). زەكەرىيا ۋە ھاگاي ئۆزلىرىنى «پەرۋەردىگارنىڭ خەۋىرىنى خەلققە يەتكۈزىدىغان پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىلىرى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئۇلاردىنمۇ يول سورىغىنى تەبىئىي ئىش ئىدى («ھاگ.» 13:1).
(4) قويۇلغان سوئال مۇنداق: «ھەربىرىمىز كۆپ يىللاردىن بېرى قىلغىنىمىزدەك، بەشىنچى ئايدا ھەربىرىمىز يەنىلا ئۆزىمىزنى باشقىلاردىن ئايرىپ، يىغا-زارغا ئولتۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟» (مۇشۇ سۆزدىكى «ئايرىش» دېگەن سۆز ئادەتتە «نازارىيلار»نىڭ خۇدانىڭ يولىدا ئۆزلىرىنى ھاراق-شارابتىن، شۇنداقلا باشقا ئىشرەتلەردىن ئايرىشىنى، پەرھىزكارلىق تۇرمۇشىنى كۆرسىتىدۇ).
ماتەم تۇتۇش ۋە روزا تۇتۇشلار بولسا ئادەتتە يىغا-زارلار كۆتۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى («ھاك.» 26:20، «1سام» 7:1، «2سام.» 12:1، «ئەزرا» 1:10، «نەھ.» 4:1نى كۆرۈڭ).
«بەشىنچى ئايدىكى روزا» (قەدىمكى كالېندار بويىچە ئاۋغۇست ئېيى) – بۇ گۈنگە قەدەر يەھۇدىيلار تەرىپىدىن شۇ ئاينىڭ 9-كۈنىدە، نېبوقادنەسارنىڭ يېرۇسالېم ۋە ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىشىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىرىق بىر ئىش شۇكى، يەھۇدىي تارىخشۇناسلارنىڭ بايانى بويىچە شۇ كۈنىدىمۇ تۆۋەندىكى پاجىئەلەر يۈز بەرگەن: –
(1) ئىككىنچى ئىبادەتخانا رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى (مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلى)

(2) يەھۇدىي خەلقىنى ئۆزگە ئەگىشىشكە ئالدىغان «ساختا مەسىھ» بولغان بار-قوقبا رىمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، رىم قوشۇنلىرى دەل شۇ كۈندە بېتار شەھرىنى ئىشغال قىلىپ ئۇنى ۋە بارلىق ئەگەشكەنلەرنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى.

(3) مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن رىملىق ۋالىي تۇرنۇس رۇفۇس يەھۇدىيلارغا ئۆز ئۆچمەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن زىئون تېغىنى (ئىبادەتخانىنىڭ ئەسلىدىكى جايىنى) «ئېتىز ئاغدۇرغاندەك ئاغدۇردى». بۇ ئىش دەل مىكاھ پەيغەمبەر ئالدىنئالا بېشارەت قىلغاندەك بولدى («مىك.» 12:3).

ۋەكىللەرنىڭ سوئالى بولسا پەقەت بىرىنچى ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنى ئەسلەيدىغان روزا توغرۇلۇق ئىدى، ئەلۋەتتە. ئىبادەتخانا قايتىدىن قۇرۇلۇپ چىقىشقا ئاز قالغاچقا، شۇنداق روزا تۇتۇش مۇۋاپىقمۇ؟ پەيغەمبەرلەر ئېيتقاندەك، ئىبادەتخانىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزى دەرۋەقە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقىگە قايتىدىن ئىلتىپات كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىسپاتلىق ئالامەت بولمامدۇ؟ ۋە شۇنداق بولغاندا، پەرۋەردىگار ئىلگىرىكى پەيغەمبەر ئارقىلىق ۋەدە قىلغاندەك، ئۇنىڭ ئىسرائىلنى شان-شەرەپلىك ھالەتكە كەلتۈرىدىغان ۋاقىت-سائىتى كەلدىمۇ؟ — ۋەكىللەرنىڭ سوئاللىرى مۇشۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبىرى ئارقىلىق بەرگەن جاۋابى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ — بىرىنچىسىنى «ئىنكار جاۋاب» دېيىشكە بولىدۇ (7:4-14)، ئىككىنچىسىنى «ئۈمىد بەرگۈچى جاۋاب» دېيىشكە بولىدۇ (8-باب).

بېشارەتلىك جاۋاب «سەككىز كۆرۈنۈش»تەك، «يېقىملىق سۆزلەر، تەسەللى بەرگۈچى سۆزلەر»دۇر (13:1). ئىككى بېشارەتتە «يېرۇسالېم ۋە زىئونغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىمدىن يۈرىكىم لاۋۇلداپ كۆيىدۇ» ۋە «مەن يېرۇسالېمغا رەھىم-شەپقەتلەر بىلەن قايتىپ كەلدىم» دېگەندەك تەسەللى يەتكۈزىدىغان سۆزلەر تېپىلىدۇ. ئىككى بېشارەتتىمۇ پەرۋەردىگار يېرۇسالېم ئوتتۇرىسىدا ماكانلىشىدۇ، يېرۇسالېم «ھەقىقەت شەھرى» ۋە «مۇقەددەس تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ، بارلىق ئەللەر خۇدانى ئىزدەپ، ئۇنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىشكە شۇ يەرگە كېلىدۇ، دېيىلىدۇ (14:1 ۋە 2:8، 16:1 ۋە 3:8، 4:2 ۋە 4:8-5، 10:2-11 ۋە 3:8، 20-23 سېلىشتۇرۇڭ).

«سەككىز كۆرۈنۈش» ئىسرائىلنىڭ بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ئىتائەتسىزلىكىدىن ھاسىل بولغانلىقى، شۇنداقلا قەتئىي تowا قىلىش كېرەكلىكى بىلەن باشلانغاندەك، مۇشۇ بېشارەتلەر ئوخشاشلا تووا قىلىپ، «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشقا بولغان خىتاب بىلەن باشلىنىدۇ.

ئەمدى تەپسىلاتلىرىغا كېلەيلى: —

«پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: —

«زېمىندىكى بارلىق تۇرۇۋاتقان خەلققە ھەم كاھىنلارغا سۆز قىلىپ مۇنداق سورىغىن: — «سىلەر مۇشۇ يەتمىش يىلدىن بېرى بەشىنچى ئاي ۋە يەتتىنچى ئايلاردا روزا تۇتۇپ يىغا-زار قىلغىنىڭلاردا، سىلەر ماڭا، ھەقىقەتەن ماڭا روزا تۇتتۇڭلارمۇ؟ يېگىنىڭلار، ئىچكىنىڭلار، بۇ پەقەت ئۆزۈڭلار ئۈچۈنلا يەپ-ئىچكىنىڭلاردىن ئىبارەت بولدى ئەمەسمۇ؟» (4-6).

ئاۋۋال شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى، «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى» پەقەت بەيت-ئەلدىن كەلگەن ۋەكىللەرگە بولۇپلا قالماي، «زېمىندىكى بارلىق تۇرۇۋاتقان خەلق»قە ئېيتىلىدۇ؛ چۈنكى ۋەكىللەر قويغان بۇ سوئال كۆپ ئادەملەرنىڭ ئويلىرىدا بولسا كېرەك. بېشارەت يەنە كاھىنلارغا ئالاھىدە يەتكۈزۈلىدۇ؛ بۇنىڭ سەۋەبى، شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئەسلىدە شۇ سوئالغا دۇرۇس بىر جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى («قان.» 33:8-10، «مال.» 2:5-7)؛ لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرگەچكە، خەلققە ئوخشاش غاپىللىققا چۈشكەنىدى. جاۋابىنىڭ مەقسىتى خۇدا ئالدىدا كۆڭۈل قويمىغان سىرتقى كۆرۈنۈشتىلا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىخلاسلىق»نىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوقتۇر، دەپ جاكارلاشتىن ئىبارەت ئىدى.

«سىلەر مۇشۇ يەتمىش يىلدىن بېرى بەشىنچى ئاي ۋە يەتتىنچى ئايلاردا روزا تۇتۇپ يىغا-زار قىلغىنىڭلاردا، سىلەر ماڭا، ھەقىقەتەن ماڭا روزا تۇتتۇڭلارمۇ؟»

بۇ سۆزلەر بىلەن خۇدا: «روزا تۇتسىلا خۇدا ئالدىدا ياخشى ئىش بولىدۇ» دەيدىغان ئۇقۇمغا رەددىيە بېرىدۇ. خۇدا ئۇلار ئۇزۇن يىل (70 يىل) ۋە كۆپ قېتىم، يەنى يىلدا پەقەت بەشىنچى ئايدىلا ئەمەس، يەتتىنچى ئايدىمۇ روزا تۇتۇپ كەلگەنىدى، دەپ

ئېتراپ قىلىدۇ («يەتتىنچى ئاي»دىكى روزا ۋالىي گەدالىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا ھەسرەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى ــ تەۋرات، «يەرەمىيا» 40-41-بابلارنى كۆرۈڭ. بۇ بابىل ئىمپېرىيەسى پەلەستىننى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە، ئىسرائىلنىڭ بېشىغا بالا-قازا كەلتۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى ۋەقە ئىدى).

ئۇلار بەلكىم بۇگۈنكى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش، روزا تۇتقاندا ئىنتايىن ئەستايىدىل بولۇپ، تاڭ سەھەردىن تارتىپ گۇگۇمغىچە ھېچ يېمەي، ھېچ ئىچمەي تۇرغان بولسا كېرەك؛ روزىلىرىغا ئۇلار يىغا-زارلارنى قوشاتتى. لېكىن خۇدا ئۇلارنىڭ شۇ روزىلىرىنى ھېچ ئېتىبارغا ئالمايتتى. نېمىشقا؟ چۈنكى روزىلىرىدا ۋە يىغا-زارلار كۆتۈرۈشلىرىدە ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنى مەركەز قىلىپ كەلگەنىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىق ئۆتمۈشلىرى ۋە ئىتائەتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن بولغان ھەسرەت ئىدى، خالاس. روزىلىرى ئۆز كۆڭلىدىن چىققان، خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن بولمىغانىدى. ئۇلار روزا تۇتۇشقا نىسبەتەن توۋا قىلىش پۈرستى دەپ، خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆز-ئۆزىدىن: «بىزدە نېمە كەمچىلىك بار؟» دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا، بەلكى «ساۋابلىق ئىشلار» دەپ قارايتتى. ھېيت-بايراملىرىدا ئۇلار ئوخشاشلا «ئۆزلىرىنى مەركەز قىلغان». شۇڭا پەيغەمبەر: «يېگىنىڭلار، ئىچكىنىڭلار، بۇ پەقەت ئۆزۈڭلارلا يەپ-ئىچكىنىڭلاردىن ئىبارەت بولدى ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. روسۇل پاۋلۇس مۇقەددەس قانۇندىكى كۆپ ئەمرلەرنى تۈپ جەھەتتىن يىغىنچاقلاپ: «شۇڭا سىلەر نېمىنى يېسەڭلار، نېمىنى ئىچسەڭلار ۋە ھەرقانداق باشقا ئىشلارنى قىلساڭلار، ھەممە ئىشلارنى خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىڭلار» دەيدۇ («كورىنتلىقلار (1)» 31:10).

بۇ زامانلاردا كۆپىرەك ئادەملەر شۇ ئىشلاردىن ساۋاق ئالغان بولسا ياخشى بولاتتى. خۇدا ئالدىدا قانچىلىغان كىشىلەر: «ۋاقتى-ۋاقتىدا ئەستايىدىللىق بىلەن ھەر تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندىم، قاتناشتىم»، «خۇدا ئالدىدا كۆپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ كەلدىم» دەپ ئويلىغىنى بىلەن، ئەمما قىيامەت كۈنى مەسىھ ئۇلارغا: «بۇ ئىشلارنى قىلغىنىڭدا، سەن ماڭا، ھەقىقەتەن ماڭا شۇلارنى قىلدىڭمۇ؟»؛ «مېنىڭ ئالدىمدىن يوقۇلۇڭلار؛ مەن سىېنى ھېچ تونۇمىدىم» دەمدىكىن، تاڭ؟

(7-ئايەت) «بۇلار يېرۇسالېم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلىرى ئاھالىلىك بولغان، تازا ئاۋاتلاشقان چاغلاردا، جەنۇبىي يەھۇدا ۋە تۈۋەن تۈزلەڭلىك ئاھالىلىك بولغان چاغلاردا، پەرۋەردىگار بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق جاكارلىغان سۆزلەر ئەمەسمۇ؟»

ئايەتتىكى: «بۇلار ... پەرۋەردىگارنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق جاكارلىغان سۆزلىرى ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئاساسىي جۈملە بىزنىڭچە: «خۇدا ئىلگىرى ئوخشاش نارازى بولغان ئىللەتلەر، ئوخشاش ئەيىبلىگەن قىلمىشلار ھازىر سىلەردە يەنىلا بار ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك مەنىدىدۇر.

دەرۋەقە «بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر» خۇددى زەكەرىيا ئىسرائىلنى ئەيىبلىگەندەك ئۇلارنى ئوخشاش قۇرۇق دىنىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئەيىبلەيتتى. مەسىلەن روزا توغرۇلۇق: —

(سوئال) «... بىر روزا تۇتتۇق، بىراق نېمىشقا سەن كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ؟

بىز جېنىمىزنى قىيىندۇق، بىراق سېنىڭ نېمىشقا بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ يوقتۇر؟»...

(جاۋاب) — «قاراڭلار، روزا كۈنى سىلەر ئۆز كۆڭلۈڭلاردىكىنى قىلىۋېرىسىلەر،...

سىلەرنىڭ ھازىرقى روزا تۇتۇشلىرىڭلارنىڭ مەقسىتى ئالىي بولغۇچىغا ئاۋازىڭلارنى ئاڭلىتىش ئەمەستۇر.

مەن مۇشۇنداق روزىنى تاللىغىنىم،
ئادەملەرنىڭ ئۆز جېنىنى قىينايدىغان كۈنمۇ؟
بېشىنى قومۇشتەك ئېگىپ،
ئاستىغا بۆز ۋە كۈللەرنى يېيىش كېرەك بولغان كۈنمۇ؟
سىلەر مۇشۇنداق ئىشلارنى «روزا»،
«پەرۋەردىگار قوبۇل قىلغۇدەك بىر كۈن» دەۋاتامسىلەر؟» («يەش.

58:3-5).

ئەمما زەكەرىيا قويغان بۇ سوئال روزىدىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە، يەنى بارلىق دۇئا-ئىبادەت پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ

پائالىيەتلەرنىڭ ئىچكى ئىخلاسسىزلىقنى يوشۇرۇش ياكى ھەتتا ئىتائەتسىزلىكنى نىقابلاش ئۈچۈن ئىشلىتىشتەك قورقۇنچلۇق خەۋپى باردۇر: —

«پەرۋەردىگار كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بىلەن تەشەككۈر قۇربانلىقلىرىنى كەلتۈرۈشتىن سۆيۈنەمدۇ، يا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىشتىن سۆيۈنەمدۇ؟ مانا ئىتائەت قىلماقلىق قۇربانلىق قىلماقلىقتىن ئەۋزەل، كۆڭۈل قويۇش قوچقار يېغىنى سۇنۇشتىن ئەۋزەلدۇر» («1سام.» 22:15).

مۇسا پەيغەمبەر: «ئەمدى، ئى ئىسرائىل، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سەندىن نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟ ــ ھالىڭ ياخشى بولسۇن دەپ مېنىڭ بۈگۈن سىلەرگە مۇشۇ تاپىلىغانلىرىمدىن باشقا نەرسىنى تەلەپ قىلارمۇ؟ ــ ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنى بولسا پەرۋەردىگار خۇدايىڭدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن بارلىق يوللىرىدا مېڭىپ، ئۇنى سۆيۈپ، پۈتكۈل قەلبىڭ ۋە پۈتكۈل جېنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ («قان.» 10:12-13).

«ئىتائەت قىلماقلىق قۇربانلىق قىلماقلىقتىن ئەۋزەل، كۆڭۈل قويۇش قوچقار يېغىنى سۇنۇشتىن ئەۋزەلدۇر» دېگەندەك، مۇقەددەس قانۇندىكى مۇھىم ئەخلاقلىق پرىنسىپلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش (خۇدانى سۆيۈش، قوشنىمىزنى سۆيۈش) بارلىق يېمەك-ئىچمەككە باغلانغان بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشتىن ۋە بارلىق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشتىن مۇتلەق مۇھىم ئىكەنلىكى بېشارەتنىڭ ئىككىنچى قىسمى (8-10)دىن كۆرۈنىدۇ: —

«پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى زەكەرىياغا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ « ھەقىقىي ئادالەتنى يۈرگۈزۈڭلار، بىر-بىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەت ۋە رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىڭلار، تۇل خوتۇن ۋە يېتىم-يېسىرلارنى، يات ئادەملەر ۋە نامراتلارنى بوزەك قىلماڭلار؛ ھېچكىم ئۆز قېرىندىشىغا كۆڭلىدە يامانلىق ئويلىمىسۇن».

مۇشۇ ئايەتلەر «يەش.» 6:58-12 ۋە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇشۇنداق

كۆپ بېشارەتلىرنى ئېسىمىزگە كەلتۈردۇ؛ ئۇلاردا رەببىمىز قانداق روزىدىن سۆيۈنىدىغانلىقى كۆرستىلىدۇ: —

«مانا، مەن تاللىغان روزا مۇشۇكى: —
رەزىللىك-زۇلۇمنىڭ ئاسارەتلىرىنى بوشىتىش، بويۇنتۇرۇقنىڭ تاسمىلىرىنى يېشىش، ئېزىلگەنلەرنى بوشىتىپ ھۆر قىلىش، ھەرقانداق بويۇنتۇرۇقنى چېقىپ تاشلاش ئەمەسمىدى؟
ئاش-نېنىڭنى ئاچلارغا ئۈلەشتۈرۈشۈڭ، ھاجەتمەن مۇساپىرلارنى ھىمايە قىلىپ ئۆز ئۆيۈڭگە ئاپىرىشىڭ، يالىڭاچلارنى كۆرگىنىڭدە، ئۇنى كىيدۈرۈشۈڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ بىلەن بىر جان بىر تەن بولغانلاردىن قاچۇرماسلىقىڭدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟» («يەش.» 58:6-8).

ئەمما زەكەرىيا 8-10-ئايەتلەردە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشىنىڭ ئورنىغا، خۇدانىڭ روھىنىڭ يولىيورۇقىنىڭ ئاستىدا ئۇلارنى قايتىدىن يېغىنچاقلايدۇ.

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرى شۇنداق ئېنىق بولغىنى بىلەن، نەتىجىسى 11-14-ئايەتلەردە دېيىلىدۇ: —

«بىراق ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ئاڭلاشنى رەت قىلغان، ئۇلار جاھىللىق بىلەن بويىنىنى تولغاپ، ئاڭلىماسلىقا قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلغان؛ ئۇلار تەۋرات قانۇنىنى ۋە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز روھى بىلەن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئەۋەتكەن سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن كۆڭلىنى ئالماستەك قاتتىق قىلغانىدى؛ شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگاردىن ئىنتايىن قاتتىق غەزەپ چۈشكەن؛ شۇنداق بولدىكى، مەن ئۇلارنى چاقىرغاندا ئۇلار ئاڭلاشنى رەت قىلغاندەك، ئۇلار چاقىرغاندا مەنمۇ ئاڭلاشنى رەت قىلدىم» — دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار. ۋە مەن ئۇلارنى ئۇلار تونۇمايدىغان بارلىق ئەللەر ئارىسىغا قارا قۇيۇن بىلەن تارقىتىۋەتتىم؛ ئۇلارنىڭ كېتىشى بىلەن زېمىن ۋەيران بولغان، ئاندىن ئۆتىدىن ئۆتكەنلەرمۇ، قايتقانلارمۇ بولغان ئەمەس؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىللىق زېمىن ۋەيرانە قىلىنغان».

بۇنىڭغا ئوخشاش بىرىنچى بابتا: «ئاتا-بوۋىلىرىڭلاردەك بولماڭلار؛ چۈنكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا: «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار: ــ رەزىل يوللىرىڭلاردىن ۋە رەزىل قىلمىشلىرىڭلاردىن يېنىپ توۋا قىلىڭلار، دېگەن»، ــ دەپ جاكارلىغان؛ بىراق ئۇلار قۇلاق سالمىغان، بويسۇنمىغان، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار» دېيىلىدۇ.

ئەمما زەكەرىيا مۇشۇ يەردە 7-بابتا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تاش قىلىپ ئىتائەتسىز بولغانلىقىنى تېخىمۇ تەپسىلىراق تەھلىل قىلىدۇ: ــ

(ئا) ئۇلار «ئاڭلاشنى رەت قىلغان»

(ئە) «جاھىللىق بىلەن بويىنىنى تولغاپ» ــ ئىبرانىي تىلدا بۇ «يەلكىسىنى مېنىڭ خىزمىتىمدىن قاچۇرۇپ» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇ ئىبارە «نەھ.» 29:9دىمۇ، جاھىل بىر ئىنەكنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىگە قويۇلغان بويۇنتۇرۇقتا ئۆكتە قويۇقانلىقىنى كۆرسەتكەندەك مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «ھوش.» 16:4نىمۇ كۆرۈڭ.

ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى شۇ بولغانكى، «شادلىق ۋە كۆكۈل خۇشلۇقى بىلەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ قۇللۇقىدا بولمىغان» («قان.» 47:28)؛ ئۇلار «ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىدا بولۇش ئاسان، ئۇنىڭ ئارتىدىغان يۈكى يېنىكتۇر» دېگەن ۋەدىسىنى ھېچ ئۆگەنمىگەن («مات.» 11:28-30).

(ب) «ئاڭلىماسلىقا قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلغان». بۇ سۆز «يەش.» 10:6دىكى بېشارەتكە ئوخشاش ئىشنى كۆرسىتىدۇ: ــ

«مۇشۇ خەلقنىڭ يۈرىكىنى تاش قىلغىن؛
ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر،
كۆزلىرىنى كور قىلغىن؛
بولمىسا، ئۇلار كۆزلىرى بىلەن كۆرەلەيدىغان،
قۇلىقى بىلەن ئاڭلىيالايدىغان،
كۆڭلى بىلەن چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ،
يولىدىنياندۇرۇلۇپ ساقايتىلغان بولاتتى».

ئىنسانلار خۇدانىڭ تەلپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن چېكىنىپ كەتكەن بولسا، دەھشەتلىك نەتىجىسى دەل شۇ بولىدۇكى، ئۇلار خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسېرى تېخىمۇ گاللىشىپ، ئاخىر بېرىپ «كۆزلىرى بار بولغىنى بىلەن، ھېچ كۆرەلمەيدۇ».

(پ) ئۆز كۆڭلىنى تاش قىلىش جەريانىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى 12-ئايەتتە: «ئۇلار... كۆڭلىنى ئالماستەك قاتتىق قىلغان» دېيىلىدۇ.

خۇدا مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسەتمىگەن بولسا، بۇنداق بىر كۆڭۈل ئۈچۈن ئۈمىد يوق بولغان بولاتتى. پەقەت ئۇ مۆجىزە يارىتىپ، «تاش يۈرىكىنى ئېلىپ تاشلاپ» مېھرىبانلىق قەلبىنى ئاتا قىلسا ئاندىن ئۆزگىرىش بولىدۇ. ھەممىمىزگە مانا ئۇنىڭ شۇ نىجاتى كېرەكتۇر! («ئەز.» 11:19، 36:25-29).

لېكىن زەكەرىيا پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە ئېيتقان جاھىللىق ۋە ئاسىيلىق خۇدانىڭ مۇقەددەس قانۇنىنى ۋە «پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئېيتقان سۆزلىرى»نى رەت قىلىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. گەرچە «خەلقنىڭ قالدىسى» مۇقەددەس زېمىنغا قايتىشى بىلەن بىر مەزگىل خۇدانىڭ يولىنى تۇتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن كېيىنكى دەۋردىكىلەر ئاساسەن يەنىلا جاھىللىشىپ كەتتى؛ «خۇدانىڭ كالامى»، «خۇدانىڭ شان-شەرىپىدىن پارلىغان نۇر، ئۇنىڭ ئەينىيتىنىڭ ئىپادىسى» بولغان مەسىھ ئۆزى كەلگەندە ئىسرائىل خۇدادىن ئالللىقاچان يۈز ئۆرۈگەن بولغاچقا، ئۇنى پۈتۈنلەي چەتكە قاقتى.

ھەربىر دەۋردە، خۇدانىڭ جامائىتىدىكىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن خۇدانىڭ ئۆزىنى ئىزدىمىسە، ئۇلار ئوخشاشلا تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ، چۈشكۈنلۈكتە قالىدۇ. ئاخىرقى زامانلاردا كۆپ «ئېتىقادچىلار» «خۇدانىڭ يولىدا ماڭىمىز» دېگىنى بىلەن قاتتىق ئالدىنىپ، پۈتۈنلەي تەتۈر يولدا مېڭىشى بىلەن «ئېتىقادتىن يېنىش»تەك ئىشلار بولىدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇداغا ئىبادەت قىلماي، شەيتانغا چوقۇنىدۇ؛ مەسىھنى رەت قىلىپ، دەججالنى قارشى ئالىدۇ.

«2تار.» 36:14-16دە ئىسرائىلنىڭ تارىخىنىڭ كۆپ قىسمى توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرىلىنىدۇ: —

«ئۇنىڭ ئۈستىگە، بارلىق باش كاھىنلار بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسى يات ئەللىكلەرنىڭ ھەممە يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى دوراپ،

ئاسىيلىقلىرىنى ئاشۇردى؛ ئۇلار پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدا ئۆزىگە ئاتاپ مۇقەددەس قىلغان ئۆيىنى بۇلغىۋەتتى.
ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە ۋە تۇرالغۇسىغا ئىچىنى ئاغرىتقاچقا، تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىزچىل ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى.
بىراق ئۇلار خۇدانىڭ ئەلچىلىرىنى مازاق قىلىپ، سۆز-كالاملىرىنى مەنسىتمەيتتى، پەيغەمبەرلىرىنى زاڭلىق قىلاتتى؛ ئاخىر بېرىپ پەرۋەردىگارنىڭ قەھرى ئۆرلەپ، قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خەلقىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى».
ئۇنىڭ قەھرىنىڭ چۈشكەنلىكى زەكەرىيانىڭ مۇنۇ بېشارىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ:
«مەن ئۇلارنى چاقىرغاندا، ئۇلار ئاڭلاشنى رەت قىلغاندەك، ئۇلار (ئازاب-ئوقۇبەتتىن) چاقىرغاندا، مەنمۇ ئاڭلاشنى رەت قىلدىم» ۋە «مەن ئۇلارنى ئۇلار تونۇمايدىغان بارلىق ئەللەر ئارىسىغا قارا قۇيۇن بىلەن تارقىتىۋەتتىم».

(ئا) خەلققە بولغان تەسىرى: —
مۇشۇ «تارقىتىش» جەريانى بىرىنچى ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى ۋە بابىلغا سۈرگۈن بولغانلىقى بىلەن باشلاندى؛ كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۇ داۋاملىشىپ، يەھۇدىي خەلقى «بىرسى داننى غەلۋىردە تاسقىغاندەك ئىسرائىل جەمەتى ئەللەر ئارىسىدا تاسقالماقتا» («ئاموس» 9:9). بۇ ئىش «يات ئەللەرنىڭ ۋاقىتلىرى» توشقۇچە، يەنى «ئىسرائىلنى تارقاتقۇچى ئۇنى قايتىدىن يىغىدۇ، يادا باققۇچى پادىسىنى باققاندەك ئۇ ئۇلارنى باقىدۇ» دېگەن ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدۇ («يەر.» 10:31، «قان.» 49:28، 50، 64، 65، «يەر.» 13:16 ۋە باشقا يەرلەرنى كۆرۈڭ). گەرچە يەھۇدىي خەلقى ھازىر پەلەستىن زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ «تارقىتىلىش كۈنلىرى»نىڭ ئاخىرلاشقىنى ئەمەس.

(ئە) زېمىنغا بولغان تەسىرى: —
«ئۇلارنىڭ كېتىشى بىلەن زېمىن ۋەيران بولغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۆتكەنلەرمۇ، قايتقانلارمۇ بولغان ئەمەس».

بۇ بېشارەت يەھۇدىي خەلقىنىڭ يەتمىش يىللىق سۈرگۈن بولۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار رىملىقلار ئىككىنچى ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلغاندىن (مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلىدىن) كېيىنكى ئەسىرلەردىن تارتىپ تاكى 1948-يىلىغىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان؛ بۇ ۋاقىتلاردا زېمىن ئادەمزاتسىز دېگۈدەك تۇرۇپ قالدى (ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى «پەلەستىنلىكلەر»نىڭ كۆپىنچىسى ئىئوردانىيە، سۈرىيە ۋە مىسىردا تۇراتتى)؛ ۋە يەھۇدىي خەلقى بولسا شۇ زامانلاردا زېمىنسىز قالدى.

7-بابتىكى ئاخىرقى جۈملە پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياجانلىنىپ ئېيتقان سۆزىگە ئوخشايدۇ: ــ «چۈنكى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىللىق زېمىن ۋەيرانە قىلىنغان!» («يەر.» 19:3نىمۇ كۆرۈڭ). ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھى بىلەن پۈتكۈل يەر-زېمىنغا لەنەت يەتكۈزۈلگىنىگە ئوخشاش («رىم.» 22:8نى كۆرۈڭ)، ئىسرائىلنىڭ روھىي ھالىتى ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئەھۋالىدا ئەكس ئېتىدۇ. بۇگۈنگە قەدەر زېمىنىڭ كۆپ يەرلىرى تېخى چۆل تۇرماقتا ۋە ئىسرائىل مەسىھنى تونۇپ تولۇق قىلغۇچە شۇنداق قىلىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇلار خۇدا بىلەن يەنە ئىناقلىققا كەلتۈرۈلسىلا، زېمىندا دەرۋەقە قايتىدىن «سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان» بولىدۇ ۋە «دالا ھەم قاغجىراپ كەتكەن جايلار ئۇلار ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ؛

چۆل-باياۋان شادلىنىپ زەپىراندەك چېچەكلەيدۇ» («يەشايا» 35-باب)

مۇشۇ بابتىكى خەۋەرنى قايتىدىن خۇلاسىلىساق: ــ «بېشىڭلارغا چۈشكەن ئاپەتلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى سىلەر تېخى ھەقىقىي توۋا قىلمىغىنىڭلار ئۈچۈن «روزا تۇتۇشنى تاشلايلى» دېگىنىڭلار توغرا بولمايدۇ؛ بىراق سىلەرنىڭ روزا تۇتۇشلىرىڭلارنىڭ ئۆزىمۇ توغرا بولماي كەلدى! چۈنكى روزىلاردا ئۆز-ئۆزۈڭلارغا ئىچ ئاغرىتىپ كەلدىڭلار، ئۆز گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن پۇشايمان يېمىدىڭلار. شۇڭا ئاتا-بوۋىڭلاردىن ساۋاق ئېلىڭلار ــ ئۇلار كۆڭلىنى قاتتىق قىلىۋەرگەچكە، ئاخىردا توۋا قىلىش يولى قالمىغانىدى؛ سىلەرمۇ تۈپتىن توۋا قىلمىساڭلار ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن بەتتەر بىر ئىش چۈشۈشى مۇمكىن» دېگەندەك بولىدۇ.

مانا تۆۋەندە بىز ھازىر بېشارەتنىڭ «ئۈمىد بەرگۈچى قىسمى»غا كېلەيلى: ــ

## (8-باب) روزا تۇتۇش توغرۇلۇق قويۇلغان سوئال ۋە ئۈمىد بەرگۈچى جاۋاب

«ۋە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ
«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ زىئونغا باغلىغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم قايناپ تاشتى؛ مېنىڭ ئۇنىڭغا باغلىغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم تۆپەيلىدىن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە غەزىپىم قايناپ تاشتى.
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن زىئونغا قايتىپ كەلدىم، يېرۇسالېمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماكانلىشىمەن؛ يېرۇسالېم «ھەقىقەت شەھىرى» دەپ ئاتىلىدۇ، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ تېغى «مۇقەددەس تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ. ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «قېرى بوۋاي-مومايلار يەنە يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرىدا ئولتۇرىدىغان بولىدۇ؛ كۈنلىرى ئۇزۇن بولۇپ، ھەربىرى ھاسىسىنى قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ؛ شەھەرنىڭ كوچىلىرى ئويناۋاتقان ئوغۇل-قىز باللار بىلەن لىق تولىدۇ.
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «بۇ ئىش شۇ كۈنلەردە بۇ خەلقنىڭ قالدىسىنىڭ كۆزىگە ئاجايىب كارامەت كۆرۈنىدىغىنى بىلەن، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە كارامەت كۆرۈنەمدۇ؟» ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «مانا، مەن ئۆز خەلقىمنى شەرقىي زېمىنلاردىن، غەربىي زېمىنلاردىن قۇتقۇزىمەن؛ مەن ئۇلارنى ئېلىپ كېلىمەن، ئۇلار يېرۇسالېمدا ماكانلىشىدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ خەلقىم، مەن ھەقىقەت ۋە ھەققانىيلىقتا ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن».
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىنىڭ

ئۇلى سىلىنغان كۈندە سۆزلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىمۇ ئاغزىدىن بايان قىلىنىۋاتقان مۇنۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقانسىلەر، ــ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قولۇڭلار كۈچلۈك قىلىنسۇن! چۈنكى شۇ كۈنلەردىن ئىلگىرى ئىنسان ئۈچۈن ئىش ھەققى يوق، ئات-ئۇلاغ ئۈچۈنمۇ ئىش ھەققى يوق ئىدى؛ جەبىر-زۇلۇم تۈپەيلىدىن چىققۇچى ياكى كىرگۈچى ئۈچۈن ئامان-ئېسەنلىك يوق ئىدى؛ چۈنكى مەن ھەربىر ئادەمنى ئۆز يېقىنىغا دۈشمەنلەشتۈردۈم؛ بىراق مەن بۇ خەلقنىڭ قالدىسىغا بۇرۇنقى كۈنلەردىكىدەك بولمايمەن، دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار؛ چۈنكى ئۇرۇق ھوسۇللۇق بولىدۇ، ئۈزۈم تېلى مېۋىلەيدۇ، تۇپراق ئۈندۈرمىلىرىنى بېرىدۇ، ئاسمانلار شەبنەملىرىنى بېرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ خەلقنىڭ قالدىسىغا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگە قىلدۇرىمەن. شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، سىلەر ئەللەر ئارىسىدا لەنەت بولۇپ قالغىنىڭلارنىڭ ئەكسىچە، ئى يەھۇدا جەمەتى ۋە ئىسرائىل جەمەتى، مەن سىلەرنى قۇتقۇزىمەن، سىلەر ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت بولىسىلەر؛ قورقماڭلار، قوللىرىڭلار كۈچلۈك قىلىنسۇن!

چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغىغاندا مېنىڭ سىلەرگە يامانلىق يەتكۈزۈش ئويىدا بولغىنىمدەك ۋە شۇ جازا يولىدىن يانمىغىنىمدەك ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ مەن ھازىر، مۇشۇ كۈنلەردە يەنە يېرۇسالېم ۋە يەھۇدا جەمەتىگە ياخشىلىق يەتكۈزۈش ئويىدا بولدۇم؛ قورقماڭلار. مۇشۇ ئىشلارغا ئەمەل قىلىڭلار: ــ ھەربىرىڭلار ئۆز يېقىنىڭلارغا ھەقىقەتنى سۆزلەڭلار؛ دەرۋازىلىرىڭلاردا ھەقىقەتكە، ئامان-تىنچلىققا ئۇيغۇن ھۆكۈملەرنى يۈرگۈزۈڭلار؛ ھېچكىم كۆڭلىدە ئۆز يېقىنىغا يامانلىق ئويلىمىسۇن؛ ھېچقانداق يالغان قەسەمگە شېرىك بولماڭلار؛ چۈنكى مەن دەل بۇلارنىڭ ھەممىسىگە نەپرەتلىنىمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار.

ۋە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ

ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «تۆتىنچى ئايدىكى روزا، بەشىنچى ئايدىكى روزا، يەتتىنچى ئايدىكى روزا ۋە ئونىنچى ئايدىكى روزا يەھۇدا جەمەتىگە خۇشاللىق ۋە شاد-خۇراملىق، بەختلىك ئىبادەت سورۇنلىرى بولىدۇ؛ شۇڭا ھەقىقەت ۋە خاتىرجەملىكنى-تىنچلىقنى سۆيۈڭلار.

ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «نۇرغۇن قوۋملار ۋە كۆپ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى يەنە مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ؛ بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلار باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ ئۇلارغا: «پەرۋەردىگاردىن ئىلتىپات تىلەشكە، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنى ئىزدەشكە تېز بارايلى؛ مەنمۇ بارىمەن!» - دېيىشىدىغان بولىدۇ. كۆپ قوۋملار ۋە كۈچلۈك ئەللەر پەرۋەردىگاردىن ئىلتىپات تىلەشكە، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنى ئىزدەشكە يېرۇسالېمغا كېلىدۇ.

ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ «شۇ كۈنلەردە ھەرخىل تىلدا سۆزلەيدىغان ئەللەردىن ئون نەپەر ئادەم چىقىپ يەھۇدىي بىر ئادەمنىڭ تونىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا: «بىز سەن بىلەن بارايلى؛ چۈنكى خۇدانى سەن بىلەن بىللىدۇر، دەپ ئاڭلىدۇق» ــ دەيدۇ».

بۇ بابتىن خۇدانىڭ بەيت-ئەلدىكى ۋەكىللەرنىڭ: «روزا تۇتۇشلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟» دېگەن سوئالىغا بولغان جاۋابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى تاپىمىز.

كۆرگىنىمىزدەك، جاۋابنىڭ بىرىنچى قىسمى تۆۋەندىكى ئىشلارنى تەكىتلەيدۇ: ــ

(ئا) گەرچە خۇدا قايتىپ كەلگەن «خەلقنىڭ قالدىسى»نى بەرىكەتلەپ، ئىبادەتخانىنى قۇرۇش خىزمىتىدە ئۇلارنى كۈچلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ بەرىكىتى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى دۇرۇس، ياخشى دەپ ئىسپاتلىغان

ھېسابلانمايدۇ. خەلقنىڭ روزا تۇتۇشى توغرۇلۇق بولغان سوئالى كۆڭلىدىكى چوڭقۇر بىر تۈگۈننى ئايان قىلدى: —

(ئە) بىرىنچىدىن، ئىسرائىلنىڭ ئىمان-ئىشەنچى تىرىك خۇداغا ئەمەس، بەلكى سىرتقى قىياپەتلىك دىنىي پائالىيەتلەرگە باغلانغانىدى؛ ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئەسلىدە قانداق قىلىپ «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۆزلىرىنى سۈرگۈن قىلدۇرغان گۇناھلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تېخى بىلىپ يەتمىگەنىدى.

(ب) ئىككىنچىدىن، ھەتتا شۇ چاغقىچە خەلق ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇرراق تۈۋا قىلىش كېرەكلىكىنى، بولۇپمۇ بىر-بىرىگە سەمىمىي ۋە مېھرىبان بولۇش كېرەكلىكىنى سەزمىدى. شۇنداق كېتىۋەرسە، يەنى خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا تولۇق ئېتىبار قىلماۋەرسە، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشىنىڭ ئورنىدا ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇلار بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتەلىگەن بولسا، ھەم تارىخىغا سەپسېلىپ قارىغان بولسا: «بىز دەرۋەقە قانداق يول بىلەن ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن باشقىچە بولالايمىز؟ بىزدە نېمە ئۈمىد بار؟» دەپ گۇمانىي قاراشقا كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

گەرچە ئۇلار شۇنداق ئوچۇق سوئالنى سورىمىغان بولسىمۇ، ياكى ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخى ئايدىڭ بولمىسىمۇ، خۇدا مانا پەيغەمبىرى ئارقىلىق رىغبەت-تەسەللىي يەتكۈزىدىغان سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ بابتىكى بېشارەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ناھايىتى ئېنىق بېرىلگەندۇر. تېكىستنى ئاددىي مەنىسى بىلەن چۈشەنسەك، شۇنداقلا دائىم دىگىنىمىزدەك «بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر»نىڭ سۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇ بابنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، دەپ ئىشىنىمىز (بەزى شەرھچىلەر تېكىستنى بىرخىل سىمۋوللۇق ياكى تەمسىللىك مەنىگە بۇراپ ئۇنى بەك مۇرەككەپلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرىدۇ!).

شۇنداقتىمۇ، بىز يەنىلا تېكىستنىڭ بىرنەچچە ھالقىلىق ۋە مۇھىم نۇقتىلىرى ئۈستىدە بىرئاز توختىلىمىز: —

(ئا) خۇدانىڭ ئۇلارغا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىشى دەل ئۇنىڭ ئۇلارغا باغلىغان «ئۆتلۈق، مۇقەددەس مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن» بولىدۇ. خۇدا 14:1-15دە

ئۇلارنى ئوخشاش سۆزلەر بىلەن رىغبەتلەندۈرگەنىدى. شۇ يەردە ئۇ «مەن زىئون توغرۇلۇق «مەن يېرۇسالېمغا رەھىم-شەپقەتلەر بىلەن قايتىپ كەلدىم» دېگەنىدى. بۇ سۆزلەر زەكەرىيانىڭ كۈنىدە قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانىدى؛ گەرچە ھازىرقى كۈندە يەھۇدىي خەلقى مەسىھنى رەت قىلىپ، خۇدادىن ئايرىلغان بولسىمۇ، كەلگۈسىدىكى بىر كۈندە ئۇ ھوشىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق دېگەن شۇ سۆزلەر ئۇلاردا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ: —

«مەن كېتىمەن، ئۇلار گۇناھىنى تونۇپ يېتىپ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمنى ئىزدىمىگۈچە ئۆز جايىمغا قايتىپ تۇرىمەن؛

بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇلار مېنى ئالدىراپ ئىزدەيدۇ...»؛

ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا رەھىم-شەپقەتلەر بىلەن قايتىپ كېلىدۇ ۋە: «ئۇنىڭ چىقىشى تاڭ سەھەرنىڭ بولۇشىدەك مۇقەررەر؛ ئۇ بىزگە يامغۇردەك، يەر-زېمىننى سۇغىرىدىغان «كېيىنكى يامغۇر»دەك چۈشىدۇ» («ھوش.» 15:5، 1:6-3).

ئۇنىڭ ئۇلارنى يېتەكلەپ بەرىكەتلىگىنى ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر پەزىلىيتى ياكى ياخشىلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىدىندۇر. يەشايا پەيغەمبەر بۇ ئىشنى كۆرسىتىپ شۇنداق دەيدۇ: —

«ئۆز نامىم ئۈچۈنلا غەزىپىمنى كېچىكتۈرىمەن،

شۆھرىتىم ئۈچۈنلا جىنىڭنى تېنىڭدىن جۇدا بولمىسۇن، دەپ غەزىپىمنى بېسىۋالدىم؛

قارا، مەن سېنى تاۋلاندۇردۇم،

بىراق كۈمۈشنى تاۋلىغاندەك تاۋلىدىم؛

مەن ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ خۇمدانىدا سېنى تاللىۋالدىم؛

ئۆز سەۋەبىمدىن، ئۆز سەۋەبىمدىن، مەن مۇشۇنى قىلىمەن؛

مېنىڭ نامىمغا داغ تەگسە قانداق بولىدۇ؟

مەن ئۆزۈمنىڭ شان-شۆھرىتىمنى باشقا بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەيمەن» («يەش.» 48:9-11 — يەنە «يەش.» 37:32، «ئەز.» 20:9، 14، 22، 44 قاتارلىقلارنىمۇ كۆرۈڭ).

(ئە) بېشارەتتە كۆرسىتىلگەن ئىشلارنىڭ كۆرۈنۈشتە مۇمكىنچىلىكى يوق ئىكەنلىكى، پەقەت خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ مۇشۇ كارامەت ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقى «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ» دېگەن سۆلەرنىڭ كۆپ قېتىم قايتىلىنىشى بىلەن تەكىتلىنىدۇ.

بەرھەق، ئىسرائىلغا ۋەدە قىلىنغان، بارلىق ئەللەرگە بەخت-بەرىكەت يەتكۈزىدىغان مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت خۇدا تەرىپىدىن كېچىكتۈرۈلگەنلىكى دەل شۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئىدى. خۇدا ئىسرائىلنىڭ تارىخىنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ-قۇدرىتىگە ئاساسلىنىشىنى، شۇنداقلا ئىسرائىل ۋە بارلىق ئەللەرنىڭ تەبىئەت جەھەتتىن قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار خۇدا تەرىپىدىن مۇمكىن بولىدۇ، پەرۋەردىگارغا «ھېچقانداق ئىش تەس ئەمەستۇر» دەپ ئۆگىنىشىنى خالايتتى («يەر.» 12:32، 17).

(ب) ئىسرائىلغا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئايان قىلىنغان مۇشۇ بېشارەتنىڭ ھەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ھەم ئۇزۇن مەزگىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان تەرەپلىرى باردۇر. كۆرسىتىلگەن ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن يۈز بېرىدىغانلىقى: «مانا، مەن ئۆز خەلقىمنى شەرقىي زېمىنلاردىن، غەربىي زېمىنلاردىن قۇتقۇزىمەن؛ مەن ئۇلارنى ئېلىپ كېلىمەن، ئۇلار يېرۇسالېمدا ماكانلىشىدۇ» دېگەن سۆزلەردىن كۆرۈنىدۇ. چۈنكى مۇشۇ ئايەتلەردە ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تارقىتىلغىنى ئېنىق ئىما قىلىنىدۇ؛ زەكەرىيانىڭ دەۋرىدە ئىسرائىللار پەقەت سابىق بابىل ئىمپېرىيەسىگىلا، يەنى شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرىگە تارقىتىلغانىدى. شۇڭا بۇ ئايەتلەردە (8-9) مۇقەددەس روھ بۇرۇن يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق بەرگەن بېشارەتنىڭ مەزمۇنىنى قايتىدىن جاكارلايدۇ: —

«قورقما، چۈنكى مەن سەن بىلەن بىللىدۇرمەن؛ مەن نەسلىڭنى شەرقتىن، سېنى غەربتىن يىغىپ ئەكېلىمەن؛
مەن شىمالغا: — «تاپشۇر ئۇلارنى!» ۋە جەنۇبقا: — «ئۇلارنى تۇتۇپ قالما!
ئوغۇللىرىمنى يىراقتىن، قىزلىرىمنى جاھاننىڭ چەت-چەتلىرىدىن ئەكېلىپ بەر»،... دەيمەن» («يەش.» 5:43، 6) ۋە: —

«شۇ كۈنى رەب ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۆز خەلقىنىڭ «قالدىسى»نى قايتۇرۇش ئۈچۈن ... دېڭىزدىكى يىراق ئاراللاردىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز قولىنى ئۇزارتىدۇ. ئۇ ئەللەرنى چاقىرىش ئۈچۈن بىر تۇغ كۆتۈرىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ ئۇ يەر يۈزىنىڭ چەت-چەت بۇلۇڭلىرىدىن ئىسرائىلنىڭ غېرىبلىرىنى جەم قىلىپ، يەھۇدادىن تارقىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىدۇ» («يەش.» 11:11-12).

ئىسرائىلنىڭ شۇ «قايتۇرۇلۇشى» تېخى كەلگۈسىدىكى بىر ئىش ئىكەنلىكى: «ئۇلار مېنىڭ خەلقىم، مەن ھەقىقەتەن ۋە ھەققانىيلىقتا ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئىش ھازىرغا قەدەر ھېچ يۈز بېرىپ باققان ئەمەس. مۇشۇ سۆزلەر بىلەن مۇقەددەس روھ ئۆزى بۇرۇن ھوشىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق بەرگەن بىر بېشارەتنىڭ مەزمۇنىنى يەنە زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ ئاغزىدىن قايتىلاپ ئىخچاملايدۇ: —

«ۋە مەن سېنى ئەبەدىلئەبەد ئۆزۈمگە باغلايمەن؛ ھەققانىيلىقتا، مېھىر-مۇھەببەتتە، رەھىم-شەپقەتلەردە سېنى ئۆزۈمگە باغلايمەن؛ ساداقەتلىكتە سېنى ئۆزۈمگە باغلايمەن، شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنى بىلىپ يېتىسەن» («ھوش.» 2:19-20).

يەھۇدىي خەلقىنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تارقىتىلىشى رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلىدىن باشلاندى ۋە مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كەلگۈچە داۋاملىشىدۇ. شۇڭا زەكەرىيا پەيغەمبەر بەرگەن مۇشۇ بېشارەتلەرنىڭ «ئۈزۈل مۇددەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشلىرى» مەسىھ يەر يۈزىگە قايتىپ، مىڭ يىللىق سەلتەنىتىنى بەرپا قىلىشى بىلەن بولىدۇ.

(پ) شۇنداق بولسىمۇ، زەكەرىيانىڭ سۆزلىرىنى نەق مەيداندا ئاڭلاۋاتقانلار ئۈچۈن، يەنى ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرۇۋاتقان «خەلقىنىڭ قالدىسى» ئۈچۈن بۇ بېشارەتلەر رىغبەت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى 10-ئايەتتە تەسۋىرلىنىدۇ: —

«چۈنكى شۇ كۈنلەردىن ئىلگىرى ئىنسان ئۈچۈن ئىش ھەققى يوق، ئات-ئۇلاغ ئۈچۈنمۇ ئىش ھەققى يوق ئىدى؛ جەبىر-زۇلۇم تۈپەيلىدىن چىققۇچى ياكى كىرگۈچى ئۈچۈن ئامان-ئېسەنلىك يوق ئىدى؛ چۈنكى مەن ھەربىر ئادەمنى ئۆز يېقىنىغا دۈشمەنلەشتۈردۈم». ھاگاي پەيغەمبەر

خەلقنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر تېرىدىغىنىڭلار كۆپ، يىغقۇالدىغىنىڭلار ئاز؛ يەيسىلەر، بىراق تويمايسىلەر؛ ئىچىسىلەر، بىراق قانمايسىلەر؛ كىيىسىلەر، بىراق ھېچقانداق ئىللىمايسىلەر؛ ئىش ھەققى ئالىسىلەر، بىراق تۆشۈك ھەميانغا سالغانغا ئوخشاش بولىدۇ» («ھاگ.» 6:1).

لېكىن ھازىر خۇدا: «چۈنكى ئۇرۇق ھوسۇللۇق بولىدۇ، ئۈزۈم تېلى مېۋىلەيدۇ، تۇپراق ئۈندۈرمىلىرىنى بېرىدۇ، ئاسمانلار شەبنەملىرىنى بېرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ خەلقنىڭ قالدىسىغا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگە قىلدۇرىمەن» دەپ ۋەدە قىلىدۇ (12-ئايەت).

«ئۇرۇق ھوسۇللۇق بولىدۇ» دېگەن سۆزلەر ئىبرانىي تىلىدا «ئۇرۇق ئۇچۇن خاتىرجەملىك-ئامانلىق بولىدۇ» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۈزۈم تېلى تۆت پەسىللىك توختاۋسىز پەرۋىشكە موھتاج بولغاچقا، ئۇنى ئۆستۈرۈش ئۇچۇن شۇنداق تىنچ-ئامان شارائىتلار ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

خۇدا خەلققە ۋەدە قىلغىنى بويىچە، كېيىنكى كۈنلەردىكى شۇ بەرىكەت ۋە مۇداپىئە «ئەزرا» ۋە «نەھەمىيا» دېگەن كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاگاي ۋە زەكەرىيا بېشارەت قىلغان مۇشۇ ئىشلار بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا خەلق ھەرگىز ئۇلارنى پەيغەمبەرلەر دەپ ھېسابلىمىغان، ئۇلارنىڭ كىتابلىرى ھەرگىز «مۇقەددەس يازمىلار» ئىچىگە قوبۇل قىلىنمىغان بولاتتى.

(ت) خۇدا ئىسرائىلنى «يەھۇدا جەمەتى ۋە ئىسرائىل جەمەتى» دەپ چاقىرىدۇ (13-ئايەت). دېمەك، بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن «ئىسرائىل» ۋە «يەھۇدا» يەنە بىر-بىرىدىن ئايرىلماس بىر خەلق بولىدۇ.

(چ) خۇدانىڭ ئۇلارغا: «مەن سىلەرنى قۇتقۇزىمەن، سىلەر ئۇلارغا (ئەللەرگە) بەخت-بەرىكەت بولىسىلەر» دەپ بەرگەن ۋەدىسى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىبراھىمغا ھەم ئەۋلادىغا: «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ!» دېگەن ۋەدىسىنىڭ قايتىلىنىشىدۇر. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى (بەزى شەرھچىلەر ئېيتقاندەك) «خەق باشقىلار ئۇچۇن بەخت-بەرىكەت تىلىگەندە نامىڭنى ئىشلىتىپ تىلەيدۇ» دېگەندەك ئەمەس، بەلكى ئىبراھىم ھەم ئەۋلادلىرى ئۆزلىرى باشقىلارنى بەرىكەتلەش ۋاستىسى بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

«يەش.» 24:19دە: «شۇ كۈنى ئىسرائىل... يەر يۈزىدىكىلەرگە بەخت يەتكۈزگۈچىلەر بولىدۇ»، «ئەز.» 26:34دە «مەن ئۇلارنى ھەم ئېگىزلىكىم ئەتراپىدىكى جايلارنى بەرىكەتلىك قىلىمەن» دېيىلگەندەك.

(ج) خۇدا ئۆزىنىڭ خەلققە بەخت-بەرىكەت يەتكۈزۈشتىكى قەتئىي نىيىتى ۋە ئىنتىزارىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ: — «چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: — سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغىغاندا مېنىڭ سىلەرگە يامانلىق يەتكۈزۈش ئويىدا بولغىنىم ۋە شۇ جازا يولىدىن يانمىغىنىمدەك ـ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ـ مەن ھازىر، مۇشۇ كۈنلەردە يەنە يېرۇسالېم ۋە يەھۇدا جەمەتىگە ياخشىلىق يەتكۈزۈش ئويىدا بولدۇم؛ قورقماڭلار» (14-15).

(خ) خۇدانىڭ شۇ ۋاقىتتا سۆرگۈنلۈكتىن قايتقانلاردىن بىردىنبىر تەلىپى بىر-بىرىگە سەمىمىي ۋە مېھرىبان مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى: «مۇشۇ ئىشلارغا ئەمەل قىلىڭلار: ـ ھەربىرىڭلار ئۆز يېقىنىڭلارغا ھەقىقەتنى سۆزلەڭلار؛ دەرۋازىلىرىڭلاردا ھەقىقەتكە، ئامان-تىنچلىققا ئۈيغۇن ھۆكۈملەرنى يۈرگۈزۈڭلار؛ ھېچكىم كۆڭلىدە ئۆز يېقىنىغا يامانلىق ئويلىمىسۇن؛ ھېچقانداق يالغان قەسەمگە شېرىك بولماڭلار؛ چۈنكى مەن دەل بۇلارنىڭ ھەممىسىگە نەپرەتلىنىمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار» (16-17).

خەلق مۇشۇ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر كۆرسەتكەن مۇشۇ بەخت-بەرىكەتلەر ئۇزۇن ئۆتمەيلا تولۇق ھالدا ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن بولاتتى؛ ھەتتا مەسىھنىڭ دەۋرىمۇ ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلىرىدە باشلانغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئىسرائىل شۇنداق قىلمىدى؛ «ئەزرا» ۋە «نەھەمىيا» دېگەن كىتابلاردا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، ۋاپاسىزلىق، نەپسانىيەتچىلىك ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇتپەرەس ئەللەر ئارىسىدىن ئاياللارنى خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى خاتىرىلىنىدۇ.

(د) ئىسرائىلنىڭ خۇداغا بولغان ۋاپاسىزلىقى ۋە ئاسىيلىقلىرى (بۇنىڭدا ئۇلار ھەممىمىزنىڭ ۋەكىلىدۇر!) شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ، خۇدانىڭ چەكسىز مېھىر-

شەپقىتى بىلەن ئۇلار بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا قايتىدۇ. شۇ كۈنى 18-23-ئايەتلەردە تەسۋىرلىنىدۇ. خۇدا ئاۋۋال ئۇلارغا ئۇلارنىڭ روزىلىرىنى شۇ كۈنى ھېيت-بايراملارغا ئايلاندۇرىمەن، دەپ ۋەدە قىلىدۇ.

«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

- «تۆتىنچى ئايدىكى روزا، بەشىنچى ئايدىكى روزا، يەتتىنچى ئايدىكى روزا ۋە ئونىنچى ئايدىكى روزا يەھۇدا جەمەتىگە خۇشاللىق ۋە شاد-خۇراملىق، بەختلىك ئىبادەت سورۇنلىرى بولىدۇ؛ شۇڭا ھەقىقەت ۋە خاتىرجەملىك-تىنچلىقنى سۆيۈڭلار» (19).

تۆتىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنىدىكى روزا نىبوقادنەسارنىڭ يېرۇسالېم شەھىرىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ئەسلەپ، شەھەر ئۆچۈن ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن باشلاندى («يەر.» 3:6-7)؛ بەشىنچى ئايدىكى روزا دېگىنىمىزدەك ئىبادەتخانىنىڭ ۋە شەھەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئىدى («يەر.» 12:52-13)؛ يەتتىنچى ئايدىكى روزا دېگىنىمىزدەك ۋالىي گەدالىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئىدى («2پاد.» 25:25-26، «يەر.» 1:42-3)؛ ئونىنچى ئايدىكى روزا بابىللارنىڭ يېرۇسالېم شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشىۋېلىشىنىڭ باشلىنىشىنى ئەسلەش ئۈچۈن باشلاندى («2پاد.» 1:25، «يەر.» 1:39، «ئەز.» 1:24-2).

بۇ روزىلارنى بۈگۈنگە قەدەر يەھۇدىي خەلقى يەر يۈزىدىكى ھەر يەردە تۇتۇپ كەلمەكتە. ئۇلار مەسىھنى تونۇمىغاچقا، ئۇلار ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەر تېخى «يىغا-زارلار كۆتۈرگەن كېچە»دەك بولماقتا.

ئەمما ئۈزۈندىن بۇيانقى «يىغا-زارلار كۆتۈرگەن كېچە» شاد-خۇراملىق سەھەرگە ئايلىنىدۇ؛ خۇدا ئىسرائىل ۋە يېرۇسالېمغا ۋەدە قىلغان «ياخشىلىقنى يەتكۈزىدۇ»؛ ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى دەرد-ئەلەملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلىدۇ («يەش.» 16:65)؛ دەرد-ئەلەملىرىنى ئەسلەيدىغان كۈنلىرى ھېيت-بايراملارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

شۇ سەۋەبلەردىن پەيغەمبەر ئۈزىگە دىققەت قىلغۇاتقان «خۇدانىڭ قالدىسى»قا:

- «شۇڭا ھەقىقەت ۋە خاتىرجەملىك-تىنچلىقنى سۆيۈڭلار» - دەيدۇ.

پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقى ئارىسىدا تۇرغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا تۇۋا بىلەن قايتقىنىنىڭ ئۈلۈغ نەتىجىسى 8-بابتىكى ئاخىرقى تۆت ئايەتلەردە كۆرۈنىدۇ. يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەرنىڭ خۇدانى چوڭقۇر تونۇغۇسى، ئۇنىڭ يوللىرىنى

ئۆگىنىشكە يېرۇسالېمغا بارغۇسى كېلىدۇ.

شۇڭا «يەشايا» ۋە «مىكاھ» دېگەن كىتابلاردا شۇنى ئوقۇيمىز: ــ

«ئاخىر زامانلاردا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى جايلاشقان تاغ تاغلارنىڭ بېشى بولۇپ بېكىتىلىدۇ،

ھەممە دۆڭ-ئېگىزلىكتىن ئۈستۈن قىلىپ كۆتۈرۈلىدۇ؛

بارلىق ئەللەر ئۇنىڭغا قاراپ ئېقىپ كېلىشىدۇ.

نۇرغۇن خەلق-مىللەتلەر بىر-بىرىگە: ــ

«كېلىڭلار، بىز پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا،

ياقۇپنىڭ خۇداسىنىڭ ئۆيىگە چىقايلى؛

ئۇ ئۆز يوللىرىدىن بىزگە ئۆگىتىدۇ،

بىز ئۇنىڭ تەرىقلىرىدە ماڭىمىز» ــ دېيىشىدۇ.

چۈنكى قانۇن-يوليورۇق زىئوندىن،

پەرۋەردىگارنىڭ سۆز-كالامى يېرۇسالېمدىن چىقىدىغان بولىدۇ»

(«يەش.» 2:2-3، «مىك.» 1:4-2).

«لېكىن ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پۈتكۈل يەر يۈزى مەن پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى بىلەن تولىدۇ»... «چۈنكى خۇددى سۇلار دېڭىزنى قاپلىغاندەك، پۈتكۈل يەر يۈزى پەرۋەردىگارنى بىلىش-تونۇش بىلەن قاپلىنىدۇ» («چۆل.» 21:14، «يەش.» 9:11).

بۇ ئىشلار ئاخىرقى ئايەتتە خۇلاسىلىنىپ: «شۇ كۈنلەردە ھەرخىل تىلدا سۆزلەيدىغان ئەللەردىن ئون نەپەر ئادەم چىقىپ يەھۇدىي بىر ئادەمنىڭ تونىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا: «بىز سەن بىلەن بارايلى؛ چۈنكى خۇدانى سەن بىلەن بىللىدۇر، دەپ ئاڭلىدۇق» ــ دەيدۇ» دېيىلىدۇ.

مۇشۇ «يات ئەللىكلەر» يەھۇدىينىڭ «تونىنىڭ ئېتىكى»نى تۇتۇۋالىدۇ. بۇ بولسا ئېتىكىنىڭ مۇقەددەس قانۇندىكى ئەمرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «چۆرىسىدىكى چۇچىلار»نى كۆرسەتسە كېرەك («چۆل.» 38:15، «قان.» 12:22). ئۇلار شۇلارنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، يەھۇدىي قېرىنداشلىرىغا: زىئونغا ماڭغان سەپىرىڭگە قوشۇلايلىچۇ،

دەپ ئىلتىماس قىلدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ ئىلتىماسى نۇرغۇن ئەسىرلەر بۇرۇن ياشىغان مۇئابىي رۇتنىڭ يەھۇدىي قېيىنئانىسىدىن قەتئىي ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالغىنىغا ئوخشاش بولىدۇ: «بىزنىڭ سىنىڭ يېنىڭدىن كېتىشىمىزنى ۋە ساڭا ئەگىشىش نىيىتىمىزدىن يېنىشنى ئۆتۈنمە؛ چۈنكى سەن نەگە بارساڭ بىزمۇ شۇ يەرگە بارىمىز؛ سەن نەدە قونساڭ بىزمۇ شۇ يەردە قونىمىز؛ سىنىڭ خەلقىڭ بىزنىڭمۇ خەلقىمىزدۇر ۋە سىنىڭ خۇدايىڭ بىزنىڭمۇ خۇدايىمىزدۇر» («رۇت» 16:1نى كۆرۈڭ).

بۇ بېشارەتنىڭ ھازىر «ئىنجىل دەۋرى»دە قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقانلىقىدىن گۇمان قىلمايمىز؛ چۈنكى مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاۋۋالقى تارقاتقۇچىلار رەببىمىزنىڭ روسۇللىرى ئىدى؛ ئۇلار يېرۇسالېمدىن چىقىپ ئۇنى دۇنيانىڭ چەتلىرىگە يەتكۈزگەن (ئەسلىدىكى روسۇللار ھەممىسى يەھۇدىيلار، ئەلۋەتتە). ھالبۇكى، يەھۇدىي خەلقى تېخى خۇدانىڭ يولىغا بىر پۈتۈن قايتمىغان، شۇڭا بېشارەتنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كەلگۈسى شۇ كۈننى كۈتمەكتە. زەكەرىيانىڭ كېيىنكى بېشارەتلىرىدە بۇ ئاجايىب «قايتىش» توغرۇلۇق كۆپرەك تەپسىلاتلار بىزگە تەمىنلىنىدۇ.

# كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمى

ئىككىنچى قىسمىنىڭ ئىككى بۆلىكى بولۇپ، ھەر ئىككىسى خۇداسىز دۇنيا بىلەن ئىسرائىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار توغرۇلۇق بولۇپ، باشقا-باشقا جەھەتلەردىن ئېيتىلغان بېشارەتلەردۇر.

بىرىنچىسىدە (9-11-بابلاردا) خۇدانىڭ ئىسرائىلغا زۇلۇم قىلىپ كەلگەن دۇنياۋى كۈچلەرنى ھالاك قىلغۇچى جازاسى، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىنى يېڭىشكە كۈچلەندۈرۈلۈشى ئاساسىي تېما بولىدۇ؛ ئىككىنچىسىدە (12-14-بابلاردا) ئىسرائىلنىڭ ئەللەر بىلەن بولغان ئاخىرقى جەڭدىي كۈرەشلەر ئارقىلىق تازىلىنىشى ۋە تاۋلىنىشى، ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ مۇقەددەس قوۋمى بولۇشقا قانداق ئۆزگەرتىلىشى مۇھىم تېما بولىدۇ.

ئىككى بۆلەكنىڭ (9-11 ۋە 12-14-بابنىڭ) بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر ئورتاقلىقى بار. ئىككى بۆلەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇيۇقسىز يېڭى بىر بېشارەت پەيدا بولغاندەك كۆرۈنىدۇ (1:11 ۋە 7:13)؛ ئەمەلىيەتتە ئىككى بۆلەكنىڭ ھەربىرىدە بۇ «يېڭى بېشارەت» بۆلەكنىڭ ئاۋۋالقى بېشارىتى كۆرسەتكەن ۋەقەلەرنىڭ قانداق يول بىلەن يۈز بېرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ تەپسىلىراق تەسۋىرلەيدۇ.

بىرىنچى بۆلەكنىڭ 9- ۋە 10-بابلىرىدا دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ جازالىنىشى سۆزلىنىدۇ؛ 11-بابىدا شۇ ۋەقەلەر چۈشەندۈرۈلىدۇ؛ ئىككىنچى بۆلەكنىڭ 1:12-6:13دە، ئىسرائىلنىڭ ئاخىرقى زاماندا تاۋلىنىشى ۋە قۇتقۇزۇلۇشى بايان قىلىنىدۇ؛ 7:13-21:14دە بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

(9-باب، 1-8)

«پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىدىن يۈكلەنگەن بېشارەت ــ خادراك زېمىنى ۋە دەمەشق ئۈستىگە قونىدۇ (چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرى ئادەملەر ۋە ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى ئۈستىدىدۇر)؛ ئۇ بۇلارغا چېگرىداش بولغان خاماتقا، تۇر ۋە زىدون ئۈستىگىمۇ قونىدۇ. تۇر تولىمۇ «دانا» بولغاچقا، ئۆزى ئۈچۈن قورغان قۇرغان، كۈمۈشنى توپىدەك، ساپ ئالتۇننى كوچىلاردىكى پاتقاقتەك دۆۋىلەپ قويغان. مانا، رەب ئۇنى مال-دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ كۈچىنى دېڭىزدا يوق قىلىدۇ؛ ئۇ ئوت تەرىپىدىن يەپ كېتىلىدۇ.

ئاشكېلون بۇنى كۆرۈپ قورقىدۇ؛ گازامۇ كۆرۈپ ئازابلىنىپ تولغىنىپ كېتىدۇ؛ ئەكرونمۇ شۇنداق، چۈنكى ئۇنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى توزۇپ كېتىدۇ؛ پادىشاھ گازادىن يوقاپ كېتىدۇ، ئاشكېلون ئادەمزاتسىز قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاشدودتا ھارامدىن بولغان بىرسى تۇرىدۇ؛ مەن فىلىستىيلەرنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە پەخرىنى يوقىتىمەن. مەن ئاغزىدىن قانلارنى، ئۇنىڭ ھارام يېگەن يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى چىشلىرى ئارىسىدىن ئېلىپ كېتىمەن؛ ئاندىن قېلىپ قالغانلار بولسا، ئۇلار خۇدايىمىزغا تەۋە بولۇپ، يەھۇدادا يولباشچى بولىدۇ؛ ئەكروننىڭ ئورنى يەبۇس قەبىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ. مەن قوشۇن تۇپەيلىدىن، يەنى

ئۆتۈپ كەتكۈچى ۋە قايتىپ كەلگۈچى تۇپەيلىدىن ئۆز ئۆيۈم ئەتراپىدا چېدىرىمنى تىكتۇرىمەن؛ ئەزگۈچى قايتىدىن ئۇنىڭدىن ئۆتمەيدۇ؛ چۈنكى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆزىتىمەن».

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك 9- ۋە 10-باب بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئىزچىللىقى بولغان بىر بېشارەتتۇر (باشتىن ئاخىر بىرلا تېما ئۈستىدە توختالغان). 9-بابتىكى ئالدىنئالا كۆرسىتىلگەن ۋەقەلەر بولسا «بۈيۈك ئىسكەندەر»نىڭ مىسىرغا يۈرۈش قىلغاندىكى جەڭلىرى ۋە نۇسرەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئىسكەندەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 332-يىلى مىسىرغا، يەنى جەنۇبىي تەرەپكە چوڭ يۈرۈشنى باشلايدۇ. بۇ يۈرۈشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بولدى. بېشارەتتە ئايان قىلىنغان بۇ ۋەقەلەر يىراق كەلگۈسى زامانلاردىكى، خۇدانىڭ رەھىمى ھەم جازاسى كۆرسىتىلىدىغان باشقا چوڭ ۋەقەلەر بىلەن «بىردەك» كۆرۈنىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتىكى باشقا تېكىستلەردىن بايقايدىغىنىدەك، بېشارەت «يۈكلەنسە»، ئادەتتە تەسىرى زور، دەھشەتلىك بىر خەۋەر يەتكۈزۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«خادراك» دېگەن شەھەر ياكى رايون بۈگۈنگە قەدەر تېپىلمىدى، لېكىن بىرنەچچە كونا تارىخنامىلەر بويىچە، ئۇ سۈرىيەدىكى دەمەشق شەھىرىگە يېقىن بولغان بىر جاي بولسا كېرەك.

تەۋراتتىكى بېشارەتلەردە، «يۈك» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى»نىڭ مەلۇم بىر يەرگە «قونۇشى» بولسا، خۇدانىڭ جازاسى شۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا 1-4-ئايەتتىن قارىغاندا، مەزكۇر بېشارەت ئېلىپ كەلگەن «يۈك»، يەنى خۇدانىڭ جازاسى بىرىنچىدىن دەمەشقنى نىشان قىلىدۇ؛ ئاندىن مۇشۇ ئايەتلەردە تەسۋىرلەنگەندەك شۇ يەردىن ئەتراپىدىكى پۈتكۈل رايونغا يېيىلىدۇ.

«چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرى ئادەملەر ۋە ئىسرائىلنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى ئۈستىدىدۇر». بۇ سۆزلەر «يەر.» 19:32دىكى بېشارەتنىڭ باشقا بىرخىل ئىپادىسىدۇر: «ئوي-نىشانلىرىڭدا ئۇلۇغ، قىلغان ئىشلىرىڭدا قۇدرەتلىكسەن؛ كۆزلىرىڭ بىلەن ئىنسان باللىرىنىڭ ئۆز يوللىرى ۋە

قىلغانلىرىنىڭ مېۋىسى بويىچە ھەربىرىگە ئىنئام ياكى جازا قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارلىق يوللىرىنى كۆزلىگۈچىدۇرسەن». خۇدا ھەم ئۆز خەلقى ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلارنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىغا قاراپ مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىدۇ.

مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ جازالاش قورالى بىرىنچىدىن «بۈيۈك ئىسكەندەر» ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ پارس ئىمپېرىيەسىگە جەڭ قىلىشى ئۈچۈن دەسمايە كېرەك ئىدى. مىسىردا زور بايلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇ ئاۋۋال قوشۇنىنى باشلاپ شۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. «ئوتتۇرا دېڭىز»نىڭ شەرقىي بويىنى بويلاپ يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يولدا ئۇچرىغان بارلىق يەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئىشغال قىلدى. 9:1-8دە ئۇنىڭ ھۇجۇملىرى ئالدىنئالا ئېيتىلىدۇ: ــ

(ئا) ئۇ ئاۋۋال سۇرىيەگە، يەنى «خادراك زېمىنى»، جۈملىدىن دەمەشق ۋە خامات شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ سەردارى پارمېنىئو بۇ شەھەرلەرنىڭ ئانچە قارشىلىقىغا ئۇچرىمايلا ئۇلارنى ئاسانلا ئىشغال قىلدى.

(ئە) ئاندىن ئۇ تۇر شەھىرىگە ۋە زىدون رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. 9:3دە «تۇر ئۆزى ئۈچۈن قورغان قۇرغان» دەپ ئوقۇيمىز. «قورغان» بولسا ئىنتايىن ئېگىز ۋە مۇستەھكەم مۇنار ئىدى؛ ئۇ تۇر شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى 150 مېتىر يىراقلىقتا بولغان ئارالدا قۇرۇلغانىدى. تۇر شەھىرىنىڭ ئۆزى 50 مېتىر ئېگىزلىكتە سېپىلى بولغان ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر شەھەر ئىدى. ھەتتا شەھەرنىڭ سېپىلى بۇسۇلگەن ھالەتتىمۇ، ئاھالىسى بايلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئارالغا ئۆتۈۋالالايتتى. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك كېمىلىرى ئۆزىگە كېرەك بولغان بارلىق تەمىناتلارنى ئۈزلۈكسىز تەمىنلىيەلىگەچكە، ئۇلار شۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ھەرقانداق مۇھاسىرىگە تاقابىل تۇرالايتتى. ئىلگىرى، ئۇلار شۇ يەردە ئاسۇرىيەنىڭ ئىمپېراتورى شالمانئەزەرگە بەش يىل قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى، بابىلنىڭ ئىمپېراتورى نېبوقادنەسارغا ئون ئۈچ يىل تاقابىل تۇرغانىدى («ئەز.» 28:18-19). نېبوقادنەسار شەھەرنى ئېلىپ ۋەيران قىلغىنى بىلەن مۇنارنى ئالالمايتتى. ئۇلار بۇنىڭدىن دائىم ئىنتايىن مەغرۇرلىناتتى («تۇر تولىمۇ «دانا»» دېگەندەك). ھالبۇكى، ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئاخىر بىرىپ «شەھەردىكى تاشلار دېڭىزغا قويۇلۇپ»، مۇنار «تاقىر تاش»قا ئايلاندۇرۇلۇپ ھالاك بولىدىغىنىنى ئالدىنئالا تەسۋىرلەيدۇ («ئەزاكىيال» 26-باب ــ شۇ بابتىكى ئىزاھاتلىرىمىزنى

كۆرۈك). تۇر شەھىرىنىڭ ھالاكەت كۈنى ئىسكەندەرنىڭ قورشىۋېلىشى بىلەن يېتىپ كەلدى.

«مانا، رەب ئۇنى مال-دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ كۈچىنى دېڭىزدا يوق قىلىدۇ؛ ئۇ ئوت تەرىپىدىن يەپ كېتىلىدۇ» (4-ئايەت).

ئىسكەندەر ئاۋۋال شەھەرنىڭ ئۆزىنى كۈچلۈك «كۆچمە پوتەيلەر»ى بىلەن ئالدى؛ ئاندىن ئۇنىڭ ئىنژېنېرلىرى يەتتە ئاي ئىشلەپ شەھەردىكى تاش-توپىلارنى ئېلىپ «دېڭىزغا تاشلىدى» ۋە قۇرۇقلۇق بىلەن ئارالنى تۇتاشتۇردىغان، كۆتۈرۈلگەن چوڭ ۋە ئۇزۇن يولنى ياسىدى. شۇنداق قىلغاندا مۇنارنى ۋەيران قىلىش ئاسان گەپ ئىدى. ئون مىڭ تۇر لەشكىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. گەرچە تۇر شەھىرى ئاستا-ئاستا قۇرۇلۇپ قەددىنى رۇسلىغان بولسىمۇ، ئۇلار شۇ ۋاقىتتىن كېيىن «كۈچلۈك دۆلەت» ھېسابلانمىدى. ئىسكەندەر كۆتۈرگەن «دېڭىز يولى» ھازىرمۇ بار، لېكىن شەھەر ۋە مۇنار غايىب بولدى. ئۇ ھازىر ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئالدىنئالا ئېيتقاندەك «بېلىقچىلار تورلارنى يايدىغان بىر تاقىر تاشتۇر»، خالاس.

(ب) ئىسكەندەر جەنۇبقا قاراپ نەزىرىنى فىلىستىيە تۈزلەڭلىكىدىكى شەھەرلەرگە سالدى. زەكەرىيا بېشارەت بەرگەندەك شۇ شەھەرلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئانچە قارشىلىق كۆرسەتمىدى.

مۇشۇ ئايەتلەردە فىلىستىيەدىكى «بەش پايتەخت شەھەر»دىن تۆتى تىلغا ئېلىنىدۇ. گات شەھىرى (تەۋراتتىكى باشقا كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدىكىدەك) تىلغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىر مەزگىل يەھۇدا پادىشاھلىقىغا تەۋە بولغانىدى، كېيىن يەھۇدانىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

«يەر.» 20:25دىكى فىلىستىيە توغرۇلۇق بېشارەت مەزكۇر بېشارەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ شۇ يازمىدىكى شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى مۇشۇ يەردە كۆرسىتىلگەن تەرتىپكە ئوخشاشتۇر.

6-ئايەت: «ئاشدودتا ھارامدىن بولغان بىرسى (ياكى «شالغۇت بىر قوۋم») تۇرىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى توغرۇلۇق بىرنېمە دېمەك تەس؛ بىز ئارخېئولوگنىڭ كۆرجىكىنىڭ قېزىپ چىقىشىنى كۈتمەكتىمىز. ھالبۇكى، شەك-شۈبھىسىزكى، مۇشۇ ئىشلار ئارقىلىق «فىلىستىيلەرنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە پەخرى يوقىتىلىدى».

فىلىستىيلەر، قارىغاندا، مىللەتچىلىكى كۈچلۈك، مۇستەقىللىقىدىن ئىنتايىن مەغرۇر

ئىدى. ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقى گازانىڭ ھەممە «پادىشاھ»لىرىدىن مەھرۇم بولۇشى بىلەن، ئاشكىلوننىڭ ئادەمزاتسىز قىلىنىشى بىلەن ۋە ئاشدودتا «ھارامدىن بولغان بىرسى»نىڭ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن يەرگە ئۇرۇلدى.

ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن بولىدۇ. چۈنكى تۆۋەن قىلىنىشنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا باغلانغان يىرگىنچلىك ئىشلىرىدىن قۇتۇلۇشى، ئۇلارنىڭ «قالدى»لىرىنىڭ خۇدانىڭ خەلقى ئىچىگە ئېلىنىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ: —

«مەن ئاغزىدىن قانلارنى، ئۈنىڭ ھارام يېگەن، يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى چىشلىرى ئارىسىدىن ئېلىپ كېتىمەن؛ ئاندىن قېلىپ قالغانلار بولسا، ئۇلار خۇدايىمىزغا تەۋە بولۇپ، يەھۇدادا يولباشچى بولىدۇ («كىچىك جەمەت» ياكى «ئائىلە» دېگەن تەرجىمىلىرىمۇ بار)؛ ئەكروننىڭ ئورنى يەبۇس قەبىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ ».

فىلىستىيە خەلقى مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدا بىر ئادەمدەك سۈپەتلىنىدۇ. بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىقلىرى قانلىرى بىلەن ئۇلاردىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. «ئەكروننىڭ ئورنى يەبۇس قەبىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ». ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، يەبۇسىيلار ئەسلىدە «زىئون قەلئەسى»، يەنى يېرۇسالېم شەھىرىدە تۇرۇۋاتقانلار ئىدى. داۋۇت پەيغەمبەر يېرۇسالېمنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن يەبۇسىيلار ئاستا-ئاستا ئىسرائىل خەلقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. «2سام.» 24-باب ۋە «1تار.» 21-بابتىكى «يەبۇسىي ئورنان»نىڭ يېرۇسالېمدىكىلەر ئارىسىدا مۆتىۋەر ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ؛ ئۇ داۋۇت پادىشاھقا ئۆز خامىنىنى ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى بولۇشقا سېتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆز ئۆيلىرىنى داۋۇتنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۈنىڭغا سوۋغا قىلماقچىمۇ ئىدى؛ دېمەك، ئۇ داۋۇتقا نىسبەتەن تولۇق ئىسرائىلنىڭ پۇقراسى ئىدى.

قەدىمكى فىلىستىيلەر ھازىرقى «پەلەستىنلىكلەر» بولۇپ قالدىمۇ؟ («پەلەستىن» ۋە «فىلىستىيە» دېگەن سۆزلەرنىڭ يىلتىزى ئوخشاش). پەلەستىنلىكلەر ئۆزلىرىنى ئەرەبلەر دەپ ھېسابلايدۇ؛ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى بىزگە نامەلۇم. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى خۇدا بىلىدۇ؛ ئۇلار ئەگەر قەدىمكى فىلىستىيلەرنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ چىقسا، ئۇنداقتا بۇ بېشارەتتىن ئالدىمىزدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆپ ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

(پ) مەزكۇر بېشارەتنىڭ تولۇق ئادەمنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەڭ ھەيران قالارلىق قىسمىنى تۆۋەنتە كۆرىمىز: —

بىرىنچىدىن، ئىسكەندەر يۈرۈشنى باشلىغاندا، يېرۇسالېمغا ئادەم ئەۋەتىپ باش كاھىن ياددۇئادىن نۇرغۇن «باجلار»نى تۆلەشنى تەلەپ قىلغان. ھالبۇكى، ياددۇئا ئىسرائىلنىڭ شۇ چاغدىكى «خوجايىنى» پارس ئىمپېرىيەسىگە ۋاپادار بولۇپ، ئۇلارغا باج تاپشۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. ياددۇئا ۋە پۈتكۈل ئىسرائىللار تېترىگەن ھالدا رەت قىلىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئىككىنچىدىن، ئىسكەندەرنىڭ بۇ يۈرۈشىنىڭ مەقسىتى پۇل توپلاش بولۇپ، يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدا چوڭ بايلىقلارنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا شەھەرنىڭ مۇداپىئەسىز دېگۈدەك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يېرۇسالېم تەرەپكە ھېچقانداق يۈرۈش قىلمىدى.

بۇ ئىشنىڭ بىردىنبىر چۈشەندۈرۈلۈشى خۇدانىڭ سۆزى بىلەن بولىدۇ: «مەن قوشۇن تۇپەيلىدىن، يەنى ئۆتۈپ كەتكۈچى ۋە قايتىپ كەلگۈچى (دېمەك، ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنى مىسىرغا بارىدىغان ۋاقتىدا ۋە قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىدا) تۇپەيلىدىن ئۆز ئۆيۈم ئەتراپىدا چېدىرىمنى تىكتۇرىمەن؛ ئەزگۈچى قايتىدىن ئۇلاردىن ئۆتمەيدۇ؛ چۈنكى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆزىتىمەن».

مۇشۇ ئايەتتە «ئەزگۈچى» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «مىس.» 7:3، 6:5-10دە «نازارەتچى» (خەلقنى قۇللۇقتا ئىشلارغا سالغۇچى كىشى) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بەزىدە ئۇ ئىجابىي مەنىدە ئىشلىتىدۇ، لېكىن مۇشۇ يەردە ئۇ يات ئەللەردىن بولغان زالىملارنى، يەنى ئىسرائىلنى بوزەك قىلغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخشۇناسلار ئىسكەندەرنىڭ يېرۇسالېمغا بارمىغىنىغا چۈشەنچە بەرمەيدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بىر تارىخىدا ئىسكەندەر باش كاھىن ياددۇئانى غايىبانە كۆرۈنۈشتە كۆردى، دەپ خاتىرىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن (شۇ تارىخ بويىچە) ئۇ ئۆزى يېرۇسالېمغا چىقىپ ياددۇئا بىلەن كۆرۈشۈشكە باردى. ياددۇئا ئۇنىڭغا تەۋراتتىكى «دانىيال پەيغەمبەر»دىن بىر پارچە يازمىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى، ۋە يازمىدىن ئۇنىڭغا دانىيال پەيغەمبەرنىڭ ئىسكەندەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىمپېرىيەسى توغرۇلۇق بېشارەتلىرىنى كۆرسەتتى. ئىسكەندەر شۇ بېشارەتلەرنى كۆرۈپ تىزلىنىپ سەجدە قىلدى.

ئىسكەندەر ئەسلىدە بىرسى ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن قېرىشسا دەھشەت ئاچچىقى تۇتىدىغان ئادەم ئىدى؛ لېكىن ئۇ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلمايلا قالماي، بەلكى كېيىن يەھۇدىي خەلقىنى ئۆز قانۇن-بەلگىلىمىلىرى بويىچە ياشاشقا يول قويغان ۋە ئۇلارغا باج-سېلىقلارنى ئىنتايىن ئاز سالغان. بىر تارىخشۇناس مۇنداق دېدى: «يەھۇدىيلار پارس ئىمپېرىيەسىدە قۇللۇقتا ياشاۋاتقانلار ئارىسىدا ئەڭ كەمستىلگەن بولسىمۇ، ئىسكەندەرگە نىسبەتەن ئەڭ ئىشەنچلىك خەلق بولۇپ قالدى. ئۇلار شۇ دەۋردىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەھەرلەردە «مۆتىۋەر پۇقرالار» بولۇپ قالدى — ئۇلار ئالېكسەندرىيەلىكلەر، ئانتاكىيالىقلار بولۇپ قالدى؛ لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار يەھۇدىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تاشلاشقا ھېچ مەجبۇرلانغان ئەمەس».

ئەگەر خۇدانىڭ كۈچلۈك قولى بولمىغان بولمىسا، شۇنداق بولۇشى قەتئىي بولمىغان بولاتتى.

خۇدانىڭ ئۇلارغا مۇداپىئە بولۇشقا ئېيتقان: «ئەزگۈچى قايتىدىن ئۇنىڭدىن ئۆتمەيدۇ» دېگەن سۆزى بويىچە ئۇنىڭ ۋەدىسى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولسا، نېمىشقا مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلى رىم قوشۇنى كېلىپ يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلدى؟ خۇدانىڭ يېرۇسالېمنى قوغدىشى ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ كالامىغا قۇلاق سېلىشىغا، بولۇپمۇ ئۇ ئەۋەتىدىغان قۇتقۇزغۇچى پادىشاھنى قوبۇل قىلىشىغا باغلىق، ئەلۋەتتە. شۇ پادىشاھنىڭ كېلىشى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئالدىنئالا ئېيتىلىدۇ.

## ئىسرائىلنىڭ «ئامان-خاتىرجەملىك بەرگۈچى شاھزادە»سى؛ ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا بولغان ۋەزىپىسى

بېشارەتلەردە بىز چوڭ قوشۇنلىرى بىلەن يۈرۈش قىلغان ئۇلۇغ يات ئەللىك ئىستىلاچى مۇزەپپەر ئىسكەندەردىن ئۆتۈپ، ئەمدى ئىسرائىلنىڭ ھەقىقىي پادىشاھىغا كېلىمىز. ئۇلارنىڭ چوڭ پەرقلىرى باردۇر. ئىسكەندەر خۇدانىڭ ئۆز جازاسىنى يەتكۈزىدىغان قورالى بولۇپ، ئۇ كۆپ ئات ۋە جەڭ ھارۋىلىرىغا تايىناتتى؛ لېكىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا بولسا بۇلارنىڭ ھېچ كېرىكى يوق؛ ئۇ يېرۇسالېمغا كىرگەندە ئاددىي بىر ئېشەككە مىنىپ كېلىپ، ھەم ئىسرائىلغا ھەم بارلىق ئەللەرگە نىجاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

مۇشۇ يەردە تەۋراتتىكى كۆپ بېشارەتلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچىدىن، ھەممىمىز شۇنداق بىر ئىشنى بىلىمىزكى، — يولدا كېتىۋاتقاندا يىراقتىن ئىككى تاغ چوققىسىنى كۆرگەندە، بىز بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىگە يېقىن، دەپ ئويلايمىز. لېكىن بىرىنچى چوققىغا يېقىنلاشقاندا، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر چوققىنىڭ ئارىلىقىدا يوغان بىر جىلغىنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. تەۋراتتىكى ئالدىن كۆرگۈچىلەر بىزگە يەتكۈزگەن كۆپ بېشارەتلەردە ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ — كەلگۈسىدىكى ئىككى ئىش بايان قىلىنغاندا، ئۇلار بىر-بىرىگە يېقىن ياكى بىر-بىرىگە ئۇلانغان ھالدا كۆرۈنىدۇ. بىراق «يىراقتىن كۆرۈنگەن» بولغاچقا، ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن ۋاقىتلار كۆرۈنمەيدۇ. مەسىھ توغرىسىدىكى بېشارەتلەردە بۇنداق ئىش كۆپ قېتىم بايقىلىدۇ — زەكەرىيانىڭ مەزكۇر بېشارىتىدىمۇ شۇنداق.

ئىككىنچىدىن، پەرۋەردىگار نىجاتى (دېمەك، مەلۇم خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇشى)نى ھەركىمگە كۆرسەتكەن بولسا (مەيلى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بولسۇن، ئىسرائىلغا بولسۇن) تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن شۇ «نىجات تارىخى»دىكى ھەربىر «قۇتقۇزۇش ئىشى» دەرۋەقە مەسىھنىڭ دۇنياغا ئېلىپ كېلىدىغان ئۇلۇغ ئاخىرقى نىجاتىغا «بېشارەتلىك رەسىم» ھەم كاپالەت بولىدۇ. 9-باب ۋە 10-بابتىكى قالغان ئايەتلەرنى تەھلىل قىلغاندا شۇ ئىككى ئۇقتىنى كۆزدە تۇتساق تولىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

ئەمدى مەسىھ توغرىسىدىكى بۇ بېشارەتنى تەپسىلىي كۆرەيلى: —

«زور شادلان، ئى زىئون قىزى! تەنتەنەلىك نىدا قىل، ئى يېرۇسالېم قىزى! قاراڭلار، پادىشاھىڭ يېنىڭغا كېلىدۇ؛ ئۇ ھەققانىي ۋە نىجاتلىق بولىدۇ؛ كەمتەر-مۆمىن بولۇپ، مادا ئېشەككە، يەنى ئېشەك تەخىيىگە مىنىپ كېلىدۇ» (9-ئايەت).

بۇ سۆزلەر كىتابنىڭ ئاۋۋالقى قىسمىدا خاتىرىلەنگەن خىتابنى ئېسىمىزگە كەلتۈرىدۇ: — «ناخشىلارنى ياڭرىتىپ شادلان، ئى زىئون قىزى؛ چۈنكى مانا، مەن ئاراڭدا ماكانلىشىمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار» (10:2).

9:9دە ئايان قىلىنغان «پادىشاھىڭ كېلىشى» كەمتەرلىك بىلەن بولىدۇ؛ ھالبۇكى، مەسىھنىڭ 10:2دە ئايان قىلىنغان كېلىشى، «يەشايا» 11-بابتا ئالدىنئالا ئېيتىلغان «پادىشاھنىڭ ھازىر بولۇشى» ياكى «دانىيال» 7-بابتا: «مانا، گويا ئىنسان

ئوغلىغا ئوخشاش بىر زات ئەرشتىكى بۇلۇتلار بىلەن كەلدى...»
دېيىلگەن كېلىشى تولىمۇ شان-شەرەپ بىلەن بولۇپ، پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

تەۋرات دەۋرىدىكى يەھۇدىي ئۇستازلار («راببىلار») مەسىھنىڭ كېلىشى ۋە خىزمىتى توغرىسىدىكى بېشارەتلەر ئۈستىدە ئۇزۇن يىللار باش چۆكۈرۈپ، بۇ ئىشنى تەھسىل قىلىپ كەلگەندى. چۈنكى بەزى بېشارەتلەردە ئۇنىڭ كەمتەرلىك بىلەن كېلىدىغانلىقى، نامرات ئەھۋاللاردا چوڭ بولىدىغانلىقى، چەتكە قېقىلىدىغىنى، ئازاب-ئوقۇبەت تارتىدىغانلىقى ئاندىن دەھشەتلىك ھالدا ئۆلىدىغانلىقى ئالدىنئالا ئېيتىلغان. بۇلار يەشايا پەيغەمبەرنىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» توغرۇلۇق تۆت شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقا بېشارەتلەردە بولسا مەسىھنىڭ شان-شەرىپىدە كېلىدىغانلىقى، خۇداغا دۈشمەن بولغان ئەللەرنى يوقىتىدىغانلىقى، دۇنيادىكىلەرنى سوتلايدىغانلىقى ۋە ئاخىرىدا پۈتكۈل دۇنياغا ئامانلىق-خاتىرجەملىكنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئاخىر بىرىپ راببىلاردىن بەزىلىرى مۇشۇ باشقا-باشقا بېشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «مەسىھتىن ئىككىسى كېلىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئۇلار «بىرىنچى مەسىھ»نى «يۈسۈپنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتىغان (چۈنكى ئۇ يۈسۈپ پەيغەمبەردەك خارلىنىدۇ، ھەتتا ئازاب-ئوقۇبەتتىن ئۆلىدۇ) ۋە ئىككىنچىسىنى «داۋۇتنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتىغان (چۈنكى ئۇ داۋۇتنىڭ تەختىگە ۋارىس بولۇپ، شان-شەرەپ ئىچىدە سەلتەنەت قىلىدۇ؛ مەسىلەن 10-ئايەتتە:

«شۇنىڭ بىلەن مەن جەڭ ھارۋىلىرىنى ئەفرائىمدىن، ئاتلارنى يېرۇسالېمدىن مەھرۇم قىلىۋېتىمەن؛ جەڭ ئوقياسىمۇ ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

ئۇ بولسا (پادىشاھ) ئەللەرگە خاتىرجەملىك-تىنچلىقنى جاكارلاپ يەتكۈزىدۇ؛ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېڭىزدىن دېڭىزغىچە بولىدۇ» دېيىلىدۇ.

بىز رەببىمىزنىڭ تۇغۇلۇشى، ناچار شارائىتتا چوڭ بولۇشى، كەمتەرلىك بىلەن خىزمەت قىلىشى، ئازاب-ئوقۇبەتلەر تارتىشى ۋە ئۆلۈشىگە قارىساق بېشارەتلەرنىڭ ئىككى مەسىھ ئەمەس، بەلكى مەسىھنىڭ ئىككى قېتىم كېلىشى توغرۇلۇق سۆزلىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ ۋە چوڭقۇر، ئەلۋەتتە. بىر سەۋەبى خۇدا ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سىرتقى جۇلاسى ياكى كۈچ-قۇدرىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خاراكتېرى ياكى ئەخلاق گۈزەللىكى ۋە پەزىلىتىنىڭ

شەرىپى تۆپەيلىدىن ئۆزىگە جەلپ قىلىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى، ئۆزىنى سۆيۈشنى خالايدۇ. مەسىھ ئاۋۋال تۆۋەن قىياپەتتە كېلىشى بىلەن ئىنسانغا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىش ئىمتىيازى ۋە ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىش ئىززىتىنى ئاتا قىلىدۇ. ئىككىنچى كېلىشىدە شۇنداق ئېتىقاد قىلىش پۇرستى بولمايدۇ ــ چۈنكى ئىنسانلار ئۆز كۆزى بىلەن مەسىھنى ئۆز شان-شەرىپىدە كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا «ئېتىقاد باغلاش»ى كىچىككەنلىك بولمامدۇ؟ چۈنكى مەسىھنىڭ ئىككىنچى كېلىشىدە «مانا، ئۇ بۇلۇتلار بىلەن كېلىدۇ، شۇنداقلا ھەربىر كۆز... ئۇنى كۆرىدۇ» («2كور.» 7:5، «ۋەھ.» 7:1).

ھالبۇكى دېگىنىمىزدەك، تەۋراتتىكى بېشارەتلەردە مەسىھنىڭ ئىككى قېتىم كېلىشى بەزىدە بىردەك كۆرۈنىدۇ؛ 9- ۋە 10-ئايەتتە شۇنداق ئىش باردۇر. ئىككى كېلىشنىڭ بىردەك كۆرۈنۈشىنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، خۇدا ئىسرائىلغا «مەن ئەۋەتكەن پادىشاھ»نى 9-ئايەتتىكى بېشارەت بويىچە قوبۇل قىلغان بولسا، ئۇنداقا 10-ئايەتتە ئېيتىلغان پادىشاھلىقنىڭ شان-شەرىپى دەرھال پەيدا بولاتتى، دەپ كۆرسەتمەكچى، دەپ قارايمىز. لېكىن خۇدا ئىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەتتى، ئەلۋەتتە.

«قاراڭلار، سېنىڭ پادىشاھىڭ سېنىڭ يېنىڭغا كېلىدۇ!» ــ

«سېنىڭ يېنىڭغا كېلىدۇ» دېگەن سۆزلەر «ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ كېلىدۇ» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

زىئوننىڭ قۇتقۇزغۇچى پادىشاھى بىرىنچىدىن «ھەققانىي» دېيىلىدۇ. بۇ دۇنيادا گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغان پەقەت بىر ئادەم بار ــ ئۇ رەب ئەيسا مەسىھدۇر.

ئىككىنچىدىن، ئۇ «نىجاتلىق» دېيىلىدۇ. ئىبرانىي تىلدا بۇ سۆز «قان.» 29:33 ۋە «زەب.» 16:33دە «قۇتقۇزۇلغان» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىنجىلغا ئاساسەن ئەيسا مەسىھ ھەم خۇدانىڭ نىجاتى بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا «قۇتقۇزۇلغان» ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ نىجاتنى بارلىق ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن، دەپ بىلىمىز. زەكەرىيانىڭ بۇ بېشارىتىنى ئاڭلاۋاتقانلار «زەبۇر»دىكى ئىككىنچى كۈيىنى دەرھال ئېسىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن. شۇ كۈي بويىچە مەسىھ بارلىق رەزىل كۈچلەردىن قۇتقۇزۇلۇپ، بارلىق قارشىلىقلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئاخىرىدا شاھانە تەختكە ئولتۇرىدىغان بولىدۇ.

بىز بۇ ئىككى جەھەتنى (مەسىھنىڭ خۇدا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلىدىغانلىقى ۋە خۇدانىڭ نىجاتنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى) بىلدۈرۈش ئۈچۈن «نىجاتلىق» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

ئىسرائىلنىڭ تىلسىمات پادىشاھى يەنە «كەمتەر مۆمىن» (ئىبرانىي تىلدا «ئانىي») دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ سۆز «يەشايا» 53-بابتىكى مەسىھ توغرۇلۇق بېشارەتتە ئالدىنئالا تەپسىلىي ئېيتىلغاندەك، «پەرۋەردىگارنىڭ ھەققانىي قۇلى»نىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىك، نامرات ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبرانىي تىلدا «ئانىي» دېگەن بۇ سۆز يەنە «خۇداغا تايانغان» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (مەسىلەن، «زەب.» 24:22، 9:25، 10:35، «زەف.» 3:2 ۋە ئىنجىلدا (گرېكچە تەرجىمىسىدە) «مات.» 5:5). شۇڭا ئۇنى «كەمتەر-مۆمىن» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

مەسىھنىڭ ئۆزىنى ئۆز خەلقىگە ئايان قىلىش يولى ئۆزىنىڭ شۇ كەمتەر خاراكتېرىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ؛ ئۇ زور ھەيۋە ياكى كۈچ-قۇدرەتنى كۆرسىتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى «مادا ئېشەككە، يەنى ئېشەك تەخىيىگە مىنىپ كېلىدۇ».

بۇ ئايەتتە «ئېشەك تەخىيى» دېگەن سۆز توپتوغرا مەسىھنىڭ قايسى ئۇلاغنى مىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبرانىي تىلدا ئۇ «مادا ئېشەكلەرنىڭ بالىسى» دېيىلىدۇ — بۇ سۆز ئادەتتە مادا ئېشەكلەرنىڭ كەينىدە يۈرىدىغان، ئادەم تېخى مىنىپ باقمىغان بىر ياش تەخەينى بىلدۈرىدۇ.

پادىشاھنىڭ شۇ كەمتەر پېتى ئېشەككە مىنگىنى ئۆزىنىڭ كىچىك پېئىللىقى ۋە شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئامانلىق ئېلىپ كېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ماھىيىتىگىمۇ بەلگە بولىدۇ، دەپ چۈشىنىش كېرەك. ئوتتۇرا شەرقتە ئېشەك كەمسىتىلىدىغان ئۇلاغ ئەمەس؛ تەۋراتتىكى ئاۋۋالقى تارىخلاردا ھاكىملار ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئېشەككە مىنگىنى توغرۇلۇق ئوقۇيمىز. لېكىن سۇلايمان پادىشاھدىن كېيىن ھېچقانداق پادىشاھنىڭ ياكى مۆتىۋەر كىشىنىڭ بىرەر ئېشەككە مىنگىنى توغرۇلۇق خەۋىرىمىز يوق.

مەسىلەن، يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە روشەنكى، پادىشاھلار سالاھىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «جەڭ ھارۋىلىرىدا ئولتۇرۇش»ى ياكى «ئاتلارغا مىنىش»ى كېرەك ئىدى («يەر.» 25:17). شۇڭا مۇشۇ يەردە مەسىھنىڭ «ئېشەككە

مىنىش»ى دەل ئۇنىڭ كەمتەر-مۆمىنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەۋراتتىكى كۆپ يەرلەردە «ئات» «جەڭ قىلىش»نىڭ سىمۋولى بولۇپ كېلىدۇ. 1-8-ئايەتتە تەسۋىرلىنىدىغان «بۈيۈك ئىسكەندەر» بىلەن مەسىھنىڭ ئوتتۇرىسىدا نىمىدېگەن چوڭ پەرق بار-ھە! ئىسكەندەر مىڭلىغان ئات ۋە جەڭ ھارۋىلىرىغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىشقا چىقىدۇ؛ مەسىھنىڭ ئىشەككە مىنىشى ئامانلىق-خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل بولىدۇ. ھالبۇكى، مەسىھ خۇدانىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا ئىككىنچى قېتىم دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە «ئاق ئاتقا مىنىدۇ» («ۋەھ.» 11:19).

9-ئايەتتىكى مەسىھنىڭ خاراكتېرى توغرۇلۇق بېشارەتتىكى باشقا بىرنەچچە جەھەتلىرىنى كۆرەيلى: —

(ئا) مەسىھ ئالاھىدە «زىئوننىڭ پادىشاھى» بولىدۇ. تۇغۇلغاندىلا ئۇ «يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىلىدۇ («مات.» 2:2). ئۇنىڭ كرېستنىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن شىكايەتلىك بەلگىگە: «مانا ناسارەتلىك ئەيسا، يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» دەپ يېزىلغانلىقى مەسىھ ۋە ئىسرائىل ئوتتۇرىسىدىكى ئىزچىل مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە يەھۇدىي خەلقى مەسىھ توغرۇلۇق: «بۇ ئادەمنىڭ ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولۇشىنى خالىمايمىز!» («لۇقا» 14:19) دېگەن ۋە ئۇلار توغرۇلۇق: «ئىسرائىللار نۇرغۇن كۈنلەر پادىشاھسىز، شاھزادىسىز... ساقلىنىپ قالىدۇ» («ھوش.» 4:3) دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەيسا مەسىھ يەنىلا «ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى». شۇڭا كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى «پەرۋەردىگار زىئون تېغىدا، يەنى يېرۇسالېمدا سەلتەنىتىنى يۈرگۈزىدۇ؛ ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئۆز ئاقساقاللىرى ئالدىدا پارلايدۇ!» («يەش.» 23:24).

(ئە) «سېنىڭ پادىشاھىڭ سېنىڭ يېنىڭغا كېلىدۇ» دېگەن سۆز ئىنجىلدىكى بىر سۆزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ: «ئۇ ئۆزىنىڭكىلەرگە كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۆز خەلقى قوبۇل قىلمىدى» («يۇھ.» 11:1).

«ئۆزىنىڭكىلەرگە» مۇشۇ يەردە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭدا بار بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن ئۆز زېمىنى بولغان قانائاننى كۆرسىتىدۇ. لېكىن «ئۆز خەلقى» (يەنى يەھۇدىي خەلقى — گرېك تىلىدا «ئۆزىدىكىلەر») ئۇنى قارشى ئېلىشنىڭ ئورنىدا ئۇنى مۇتلەق چەتكە قاقتى.

ئىنجىلدىكى «تۆت بايان»نى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى بىلگەندەك، مەسىھ ئەيسا يېرۇسالېمغا ئاخىرقى قېتىم كىرگەندە دەل پەيغەمبەر ئېيتقاندەك، «ئادەم ھېچ مىنىپ باقمىغان تەخەيگە مىنىپ» كىردى («مات.» 1:21-11، «مار.» 1:11-12، «لۇقا» 19:29-44، «يۇھ.» 12:12-18). كۆپچىلىك «داۋۇتنىڭ ئوغلىغا ھوساننا بولغاي! پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچىگە مۇبارەك بولسۇن!» دەپ تولۇغىنىپ بىلەن، پەقەت يەتتە كۈن ئۆتۈپلا، ئۇلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇنى كرېستلىگىنىگە قاراپ تۇرۇپ ئۈن چىقارمىدى.

ھالبۇكى، دەل شۇ يول بىلەن ئۇلارنىڭ پادىشاھى «نىجات كەلتۈردى»!

(ب) پەيغەمبەرنىڭ شۇ بېشارىتىدە پەقەت مەسىھنىڭ يېرۇسالېمغا تەخەيگە مىنىپ كېلىشىلا ئەمەس، بەلكى مەسىھنىڭ بىرىنچى قېتىم دۇنياغا كېلىشىدىكى بارلىق تەپسىلاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ئۇنىڭ ھەممىسى بۇ ئوبرازلىق، مەنىلىك رەسىم بىلەن ئىپادىلىنىدۇ: «چۈنكى سىلەر رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بىلىسىلەر ــ گەرچە ئۇ باي بولسىمۇ، ئۇ سىلەرنى دەپ يوقسۇل بولدىكى، سىلەر ئۇنىڭ يوقسۇللۇقى ئارقىلىق بېيىتىلىسىلەر» («2كور.» 8:9).

مەسىھنىڭ تۆۋەن ھالەتتە كېلىشى توغرۇلۇق بايانىدىن كېيىن،پەيغەمبەرنىڭ نەزىرى ئۇ تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن كېيىن بولىدىغان شان-شەرىپىگە ئۆتىدۇ («لۇقا» 24:26، «1پېت.» 1:11نى كۆرۈڭ). 10-ئايەتتە كۆرسىتىلگىنى پەقەت قۇتقۇزغۇچى پادىشاھنىڭ كېلىشىنىڭ زېئونغا يەتكۈزىدىغان بەرىكىتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىدىكىلەرگە يەتكۈزىدىغان بەخت-بەرىكىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ: ــ

«شۇنىڭ بىلەن مەن جەڭ ھارۋىلىرىنى ئەفرائىمدىن،
ئاتلارنى يېرۇسالېمدىن مەھرۇم قىلىۋېتىمەن؛
جەڭ ئوقياسىمۇ ئېلىپ تاشلىنىدۇ.
ئۇ بولسا ئەللەرگە خاتىرجەملىك-تىنچلىقنى جاكارلاپ يەتكۈزىدۇ؛
ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېڭىزدىن دېڭىزغىچە بولىدۇ».

ئىسرائىلنىڭ «ئامان-خاتىرجەملىك بەرگۈچى شاھزادە» (ياكى «ئامان-خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان شاھزادە»)سى ئېلىپ كەلگەن نىجات ئات-

جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن، قوشۇننىڭ كۆپلۈكى بىلەن بولمىغاندەك، ئۇنىڭ يۈرگۈزگەن سەلتەنىتىمۇ ئوخشاشلا ئۇلارغا تايانمايدۇ. خۇدا ئۆز خەلقىنىڭ ئاتلارغا ۋە جەڭ ھارۋىلىرىغا تايىنىشىغا كۆپ قېتىم تەنبىھ بېرىدۇ ـــ مەسىلەن، «قان.» 16:17، «زەب.» 7:20، 9:46، «يەش.» 7:2، 16:30، 1:31-3، «مىك.» 10:5نى كۆرۈڭ. خۇدانىڭ شۇ ئىشلاردىكى مەقسىتى ئۆز خەلقىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنىڭ پەقەت ئۆزىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى: ـــ

«يەھۇدا جەمەتى ئۈستىگە رەھىم كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگار ئارقىلىق ئۇلارنى قۇتقۇزىمەن؛ ئۇلارنى ئوقياسىز، قىلىچسىز، جەڭسىز، ئاتلارسىز ۋە ئاتلىق ئەسكەرسىز قۇتقۇزىمەن» («ھوش.» 7:1).

باشقىچە ئېيتقاندا، شۇ چاغدا پەرۋەردىگار يالغۇز مەسىھ ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ ئۈمىدى ۋە تايانچىسى بولىدۇ: «چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ياردەمچىسى ھەم قالقىنىدۇر» («زەب.» 9:115). زەكەرىيا پەيغەمبەر ئۆزى ئۇلارغا يەتكۈزگەندەك: «مەن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر ئوت-يالقۇن سېپىلى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شان-شەرىپى بولىمەن» (5:2) ـ دېمەك، خۇدا ئۇلارغا ئەتراپىدىكى مۇداپىئەچى ۋە نۇر بەرگۈچى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «ئەفرائىمدىن جەڭ ھارۋىلىرىنى، يېرۇسالېمدىن ئاتلارنى مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ» ـــ دېمەك، ئۇ ئىسرائىلنى ئۇلارغا تايانمىسۇن دەپ جەڭ قىلىشتىكى، ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىدىكى شۇ بارلىق قورال-ئەسۋابلارنى ئۇلاردىن ئېلىپ تاشلايدۇ. «بەزىلەر جەڭ ھارۋىلىرىغا، بەزىلەر ئاتلارغا تايىنىدۇ» («زەب.» 7:20)، بىراق ئىسرائىلنىڭ شۇ چاغدا بۇنداق نەرسىلەرگە ھېچقانداق ھاجىتى بولمايدۇ.

بىراق «ئامان-خاتىرجەملىك شاھزادىسى» (ياكى: «ئامان-خاتىرجەملىك بەرگۈچى شاھزادە»)نىڭ ئەۋەتىلىشى پەقەت ئىسرائىلغا ئەمەس: «ئۇ ئەللەرگە خاتىرجەملىك-تىنچلىقنى ئېيتىپ يەتكۈزىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى مەسىھ ئەللەرنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق جېدەل-ماجىرالارنى ھەل قىلىپ «تىنچ بولۇڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس (بەزى شەرھچىلەر شۇنداق چۈشەندۈرىدۇ). ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئەللەرنى سىرتقى جېدەل-كۈرەشتىن خالاس قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلاردىن ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

دۈشمەنلىكنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىچكى دۇنيادىكى چوڭقۇر خاتىرجەملىكنى يەتكۈزۈشكە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىدىغان سۆز-كالامىدا بۇ ئاجايىب ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يەتكۈدەك ھوقۇق ۋە كۈچ باردۇر. شۇ يولدا ئۇ «ئۆز خەلقىگە، ئۆز مۆمىن بەندىلىرىگە ئامان-خاتىرجەملىكنى سۆزلەيدۇ» («زەب.» 5:85).

«ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېڭىزدىن دېڭىزغىچە، ئەفرات دەرياسىدىن يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە بولىدۇ» ــ بۇ سۆزلەردە «زەبۇر»دىكى 72-كۈي نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ. شۇ كۈيدە داۋۇتنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى، ئىسرائىلنىڭ ئارزۇلۇق ھەقىقىي پادىشاھىنىڭ سەلتەنىتى نەپىس سۈرەتلىنىدۇ: ـ

«ئۇ دېڭىزدىن-دېڭىزلارغىچە، ئەفرات دەرياسىدىن يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ.

چۆل-باياۋاندا ياشاۋاتقانلار ئۇنىڭ ئالدىدا باش قويىدۇ؛

ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى توپىلارنى يالايدۇ...

دەرۋەقە، بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىدۇ؛

پۈتكۈل ئەللەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ».

شۇ چاغدا «مۇقەددەس زېمىن» خۇدانىڭ ئەسلىدە ئىبراھىمغا، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ۋەدە قىلغان چېگرالىرىغىچە كېڭەيتىلگەن بولىدۇ؛ مەسىھنىڭ سەلتەنىتى «مۇقەددەس زېمىن»نى مەركەز قىلىپ «يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە» بولىدۇ.

بىز «زەكەرىيا»دا «بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر»نىڭ بېشارەتلىرىنىڭ خۇلاسىلانغانلىقىنى 10-ئايەتتە يەنە بايقايمىز؛ مەسىلەن «مىكاھ»دىن: «ئەمدى سەن، ئى بەيت-لەھەم-ئەفراتاھ، يەھۇدادىكى مىڭلىغان شەھەر-يېزىلار ئارىسىدا ئىنتايىن كىچىك بولغان بولساڭمۇ،

سەندىن مەن ئۈچۈن ئىسرائىلغا ھاكىم بولغۇچى چىقىدۇ؛

ئۇنىڭ مەندىن چىقىشلىرى قەدىمدىن تارتىپ،

يەنى ئەزەلدىن تارتىپ بولغانىدى...

ئۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ كۈچى بىلەن،

پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ نامىنىڭ ھەيۋىتىدە پادىسىنى بېقىشقا ئورنىدىن تۇرىدۇ؛

شۇڭلاشقا ئۇلار مەزمۇت تۇرۇپ قالدۇ؛
چۈنكى ئۇ ھازىر يەر يۈزىنىڭ قەرلىرىگىچە ئۇلۇغ بولىدۇ؛
ۋە بۇ ئادەم بولسا بىزنىڭ ئارام-خاتىرجەملىكىمىز بولىدۇ...
ۋە ئۇ كۈنىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، دەيدۇ پەرۋەردىگار،
مەن ئاراڭلاردىن بارلىق ئاتلىرىڭنى ئۈزىمەن،
جەڭ ھارۋىلىرىڭنى ھالاك قىلىمەن.
زېمىنىڭدىكى (سېپىللىق) شەھەرلىرىڭنى يوقىتىمەن،
بارلىق ئىستىھكاملىرىڭنى غۇلىتىمەن» («مىك.» 2:5، 4، 5، 10، 11).
يەشايا پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئەللەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ،
نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ھەق-ناھەقلىرىگە كېسىم قىلىدۇ؛
ئۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلىچلىرىنى ساپان چىشلىرى،
نەيزىلىرىنى ئورغاق قىلىپ سوقۇشىدۇ؛
بىر ئەل يەنە بىر ئەلگە قىلىچ كۆتۈرمەيدۇ،
ئۇلار ھەم يەنە ئۇرۇشنى ئۆگەنمەيدۇ» («يەش.» 4:2).

شۇڭا شۇ بېشارەتتىكى 9- ۋە 10-ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى مەسىھنىڭ ئۆلۈشىنىڭ ۋە يەر يۈزىدىكى سەلتەنىتىنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىش ئارىلىقىنىڭ قانچىلىكلىكى بىزگە نامەلۇم، لېكىن ھازىرغىچە ئىككى مىڭ يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى. مەسىھ ھوقۇقىنى قولىغا ئالغاندا، ئۇنىڭ تۇغۇلۇش ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتقان: «يەر يۈزىدە بولسا ئۇ سۆيۈندىغان بەندىلىرىگە ئارام-خاتىرجەملىك بولسۇن!» دېگەن ناخشىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ («لۇقا» 14:2).

دەرۋەقە، مۇقەددەس يازمىلارنى بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى بىلىمىزكى، تاكى 10-ئايەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە، يەنى ئەللەرنىڭ «قىلىچلىرىنى ساپان چىشلىرى، نەيزىلىرىنى ئورغاق قىلىپ سوقۇشى»غىچە دۇنيادا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل دەھشەتلىك ئۇرۇش پارتلايدۇ؛ ئەللەر شۇنىڭغا تەييارلىنىپ ئەمەلىيەتتە: «ساپان چىشلىرىنى قىلىچ قىلىپ، ئورغاقلىرىنى نەيزە قىلىپ سوقۇشىدۇ» («يو.» 10:3).

گەرچە مەسىھ يەر يۈزىدە چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ، ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى «مېنىڭ پادىشاھىم!» دەپ ئېتىراپ قىلغۇچىلارغا بۇگۈن «ئامان-

خاترجەملىكنى سۆزلەۋاتىدۇ». شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرگە روسۇلى پاۋلۇس ئارقىلىق: «ئادەمنىڭ ئويلىغىنىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان، خۇدادىن كەلگەن خاترجەملىك بولسا قەلبىڭلارنى ۋە ئوي-پىكرىڭلارنى مەسىھ ئەيسادا قوغدايدۇ» دەيدۇ («فىل.» 7:4).

9-بابتىكى ئاخىرقى ئايەتلەر (10-باب بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتلىك بولۇپ) قۇتقۇزغۇچى پادىشاھنىڭ ئىككىنچى كېلىشى ۋە خىزمەت قىلىشىنىڭ نەتىجىلىرى، بولۇپمۇ ئىسرائىلغا بولغان نەتىجىلىرى توغرۇلۇق تېخىمۇ تەپسىلاتلارنى بىزگە تەمىنلەيدۇ.

مەسىھ 11-ئايەتتە يەنە زىئون ۋە ئىسرائىلغا مەخسۇس: «ئەمدى سېنى بولسا، ساڭا چۈشۈرۈلگەن ئەھدە قېنى تۆپەيلىدىن، مەن ئاراڭدىكى مەھبۇسلارنى سۇسىز ئورەكتىن ئازادلىققا چىقىرىمەن» دەيدۇ.

ئالدى-كەينى ئايەتلەردىن قارىغاندا، مۇشۇ سۆزلەر پۈتكۈل ئىسرائىلغا ئېيتىلىدۇ، چۈنكى «ئەفرائىم ۋە يەھۇدا» ھەم «يەھۇدا ۋە ئەفرائىم» دېگەن سۆزلەر ئېنىق كۆرۈنىدۇ (10-13). خۇدانىڭ «ئەھدە»سى بولسا، مەيلى ئىبراھىم بىلەن تۈزگىنى بولسۇن ياكى سىناي تېغىدا خەلق بىلەن تۈزگىنى بولسۇن پۈتكۈل خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى.

«ئەھدە قېنى» دېگەن سۆزنىڭ مۇھىم مەنىسى بەلكىم «مىسىردىن چىقىش» 24-بابتىكى ئىشلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇ چاغدا خۇدا ئىسرائىل خەلقى بىلەن: «سىلەر مېنىڭ خەلقىم بولىسىلەر، مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن» دەپ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئەھدىسىنى تۈزگەن؛ ئەھدىنى بېتىكىش ئۈچۈن مۇسا خەلق سۇنغان قۇربانلىقلارنىڭ قېنىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سېپىپ، مۇنداق دېدى: «مانا، بۇ پەرۋەردىگار مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاساسەن سىلەر بىلەن باغلىغان ئەھدىنىڭ قېنىدۇر» («مىس.» 8:24).

ئىسرائىل شۇ ئەھدىگە ۋاپاسىز بولۇپ چىقتى؛ لېكىن خۇداغا نىسبەتەن «ئەھدە قېنى» ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شۇ ئەھدىگە بولغان ۋاپادارلىقى، دائىم سۆزىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىغا كاپالەت ۋە بەلگە ئىدى. خۇدانىڭ ئىبراھىم بىلەن، شۇنداقلا بارلىق ئەۋلادلىرى بىلەن باغلىغان ئىلگىرىكى ئەھدىسىمۇ قۇربانلىق قېنى بىلەن

مۆھۈرلەنگەندى («يار.» 9:15-10). بۇ قۇربانلىقلارنىڭ قانلىرىنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ مەسىھ ئارقىلىق مەڭگۈ باغلىغان تىپخمۇ ئەۋزەل، تېخمۇ ئۇلۇغ كېيىنكى «يېڭى ئەھدىسى»نىڭ، يەنى ئەڭ ئاخىرقى ئەھدىسىنىڭ قىممەتلىك قېنىنى كۆرسىتىدۇ («ئىبر.» 6:8، 9:11-15). شۇ «ئەھدە قېنى»، يەنى مەسىھنىڭ قېنى بارلىق گۇناھكار ئىنسانلار ئۈچۈن خۇدانىڭ ۋەدە قىلغان بەخت-بەرىكەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

مەسىھ ئەيسا بارلىق ئىنسانلارنىڭ نىجاتقا ئېرىششى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىشىنىڭ ئالدىدا ئۆز قېنى توغرۇلۇق مۇنداق دېدى: ــ

«بۇ مېنىڭ قېنىم، نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن تۆكۈلىدىغان، يېڭى ئەھدىنى تۈزىدىغان قېنىمدۇر» («مار.» 24:14). مەسىھ كرېستكە مىخلىنىپ قۇربانلىق قىلىنغاندىن كېيىن، خۇدانىڭ مەيلى ئىسرائىلغا قىلغان ۋەدىلىرى ياكى پۈتكۈل ئىنسانلارغا قىلغان ۋەدىلىرى بولسۇن، شۇ يەردە تۆكۈلگەن قىممەتلىك قېنىدا جەزملەشتۈرۈلۈپ مۆھۈرلەنگەن: «چۈنكى خۇدانىڭ قانچىلىك ۋەدىلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۇنىڭدا «بەرھەق»تۇر ۋە ... خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان «ئامىن» باردۇر» («2كور.» 20:1).

ئەمدى «ئەھدە قېنى» سەۋەبىدىن خۇدا: «مەن ئاراڭدىكى مەھبۇسلارنى سۇسىز ئورەكتىن ئازادلىققا چىقىرىمەن» ــ دەيدۇ.

مۇشۇ سۆزلەر كۆچمە مەنىدە بولۇپ، ئەلۋەتتە، ئىسرائىللارنىڭ سۈرگۈن بولغان ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ. يەشايا پەيغەمبەر ئىسرائىلنىڭ كەلگۈسىدىكى شۇ ئەھۋالى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىپ: ــ

«بىراق مۇشۇلار بولسا ئولجا ئېلىنغان ھەم بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان بىر خەلقتۇر؛
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورا-تۈزاقتا تۇتۇلغان،
گۇندىخانىلاردا قاملىپ غايىب بولىدۇ؛
ئۇلار غەنىيمەت بولۇپ، ھېچكىم قۇتقۇزمايدۇ؛
ئۇلار ئولجا بولۇپ، ھېچكىم: «قايتۇرۇپ بېرىش!» دېمەيدۇ» ــ

دېدى («يەش.» 22:42).

لېكىن گەرچە ئىسرائىللار «گۈندىخانىلاردا قامالغان»، «بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان» بولسىمۇ، ئۇلار تېخى ئۆلۈمگە تاپشۇرۇلۇپ يوقىتىلمىدى؛ «سۇسىز ئورەك» دېگەن ئىبارە يۈسۈپنىڭ تارىخىدىن، «يار.» 24:37دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ يوقىتىلمىغانلىقىنى پۇرىتىپ بېرىدۇ. يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، رۇبەن ئۇنى قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە ئۇنى يېنىدىكى شۇ ئورەككە تاشلايلى، دەپ تەشەببۇس قىلدى. شۇنداق ئورەكلەر ئامباردەك سۇ قاچىلاشقا ئىشلىتىلەتتى؛ سۇ يوق بولغاندا بەزىدە گۈندىخانا سۈپىتىدە ئىشلىتىلەتتى. يۈسۈپ ئورەككە تاشلانغاندا، ئۇنىڭدا سۇ يوق ئىدى؛ بولغان بولسا ئۇ غەرق بولاتتى.

ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالى ئەسىرمۇ-ئەسىر شۇنداق بولۇپ كەلدى. ئۇلار نۇرغۇن قېتىم «ئورەككە تاشلاندى»؛ لېكىن ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئىچىدىمۇ يوقالمىدى. ئاخىر بېرىپ ئىسرائىل يۈسۈپنىڭ تارىخىغا ئوخشاش، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئورەكتىن ئازاد بولۇپ، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ «شاھانە خەلق» بولىدۇ.

لېكىن ئىسرائىلنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن بارلىق ئەسىرلىكتىن ئازاد بولىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىن بارلىق گۇناھلىرىنىڭ ئەسىرلىكىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ ئازادلىققا چىقىرىلىشى بىرلا ۋاقىتتا بولىدۇ، شۇنداقلا روھىي ئازادلىقىغا بىرخىل بەلگە بولىدۇ. مۇقەددەس يازمىلاردىكى باشقا يەردە «مەھبۇسلار» ياكى «ئەسىرلەر» دېگەن سۆزلەر پەقەت جىسمانىي ئەسىرلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى گۇناھقا ۋە شەيتانغا بولغان روھىي ئاسارەتلىكنى سۈپەتلەيدۇ.

شۇڭا، مەسىھ يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلگۈسى خىزمىتىگە بېشارەت بېرىدۇ: ــ «رەب پەرۋەردىگارنىڭ روھى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا، چۈنكى پەرۋەردىگار مېنى ئاجىز ئېزىلگەنلەرگە خۇش خەۋەرلەر يەتكۈزۈشكە مەسىھلىگەن... ئاسارەتتە ياتقانلارغا (بۇ سۆز بىلەن «زەك.» 11:9دىكى «مەھبۇسلار» ئىبرانىي تىلدا بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) زىندانىنىڭ چوڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا ئەۋەتتى؛ پەرۋەردىگارنىڭ شاپائەت كۆرسىتىدىغان يىلىنى ... جاكارلاشقا ئەۋەتتى» («يەش.» 1:61-2). ئىسرائىل مەسىھكە ئىمان-ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان كۈنىدە «خۇدانىڭ زور نىجاتلىرى»نى كۆرىدۇ، «بارلىق قەبىھلىكلىرىدىن بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزۇلىدۇ» («زەبۇر» 130-كۈي). ئۇلار شۇ كۈنى داۋۇتقا ئوخشاش: «ئۇ مېنى

ھالاك قىلغۇچى ھاكدىن، يەنى ياتاق لايدىن تارتىۋالدى، ئۇ پۇتلىرىمنى ئۇيۇل تاش ئۈستىگە تۇرغۇزۇپ، قەدەملىرىمنى مۇستەھكەم قىلدى»
دېيەلەيدۇ («زەبۇر» 40-كۈي، 2-3).

خۇدانىڭ پۈتكۈل خەلق ئۈچۈن روھىي ۋە جىسمانىي ئازاد تۇغرۇلۇق ۋەدىسى 12-ئايەتتە تىلغا ئېلىنىدۇ: —

«مۇستەھكەم جايغا قايتىپ كېلىڭلار، ئى ئارزۇ-ئۈمىدنىڭ مەھبۇسلىرى!».

«مۇستەھكەم جاي» خۇدادىن باشقا ھېچكىم ياكى ھېچقانداق جاي بولالمايدۇ — «ھەم پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە باشپاناھدۇر، ئىسرائىل باللىرىغا كۈچ-ھىمايە بولىدۇ» («يو.» 16:3).

«ئارزۇ-ئۈمىدنىڭ مەھبۇسلىرى» دېگەن ئىبارىدە «ئارزۇ-ئۈمىد» ئىبرانىي تىلدا «بىردىنبىر ئارزۇ-ئۈمىد» ياكى «ھېلىقى ئارزۇ-ئۈمىد» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى خۇدا دائىم ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا يالغۇز، چوڭ، ئۇلۇغ بىر ئۈمىدنى قويىدۇ: «چۈنكى ئۆزۈمنىڭ سىلەر توغرۇلۇق پىلانلىرىمنى، ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئەمەس، تىنچ-ئاۋاتلىق ئېلىپ كېلىدىغان، ئاخىردا سىلەرگە ئۈمىدۋار كېلەچەكنى (ئىبرانىي تىلدا: «بىر كېلەچەك ۋە بىر ئۈمىدنى») ئاتا قىلىدىغان پىلانلىرىمنى ئوبدان بىلىمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار» («يەر.» 11:29) — دېمەك، خۇدا ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆز ۋەدىسىگە ئاساس قىلىنغان ئۈمىد بويىچە ئۇلارغا پارلاق بىر كېلەچەكنى ئاتا قىلىدۇ. 130-كۈينى نامىسىز يازغۇچى ئۆزى تارتقان ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئۆزى توغرۇلۇق: «پەرۋەردىگارنى كۈتتۈم، جېنىم كۈتۈۋاتىدۇ؛ مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئۈمىد باغلىدىم»، دەيدۇ، ئاندىن ئىسرائىلغا مۇنۇ رىغبەتلىك سۆزنى ئېلان قىلىدۇ: «ئى ئىسرائىل، پەرۋەردىگارغا ئۈمىد باغلاڭلار؛ چۈنكى پەرۋەردىگار بىلەن ئۆزگەرمەس مۇھەببەت باردۇر؛ ئۇنىڭ بىلەن زور نىجاتلارمۇ بار؛ ئۇ ئىسرائىلنى بارلىق قەبىھلىكلىرىدىن بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزىدۇ» («زەبۇر» 130:5، 7-8). ئىسرائىل تارتقان بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن بولغاچقا، خۇدا ئىسرائىلنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ ئۇلارنى قەبىھلىكلىرىدىن ئازاد قىلىشى بىلەن تەڭ، يەنە «ئىسرائىلنى بارلىق ئازارلىرىدىن ھۆرلۈككە قۇتقۇزىدۇ» «زەب.» 22:25).

مەسىھنىڭ جامائىتىدە كىلەچەككە پارلاق بىر ئۈمىد بار – بۇ ئۈمىد گۇناھتىن ئازاد بولۇش ئەمەس (چۈنكى مەسىھدە ئاللىقاچان گۇناھتىن ئازاد بولدۇق)، بەلكى ئۇنىڭ قايتا كېلىشىدە بىزدە بولىدىغان بەخت-بەركەتتىن ئىبارەتتۇر:
«... بىزمۇ، يەنى مۇقەددەس روھنىڭ تۇنجى چىقارغان مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولغان بىزلەرمۇ دىلىمىزدا نالە-پەرياد كۆتۈرمەكتىمىز ھەمدە خۇدانىڭ ئوغۇللىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىمىزنى، يەنى تېنىمىزنىڭ نىجاتتىكى ھۆرلۈككە چىقىرىلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز.
قۇتقۇزۇلغاندىن تارتىپ بۇ ئۈمىد بىزدە بار ئىدى. لېكىن ئۈمىد قىلىنغان نەرسە كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ يەنە ئۈمىد بولامدۇ؟ كىممۇ كۆز ئالدىدىكى نەرسىنى ئۈمىد قىلسۇن؟ بىراق، تېخى كۆرمىگىنىمىزگە ئۈمىد باغلىغانىكەنمىز، ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشىمىز كېرەكتۇر» («رىم.» 8:22-25).
شۇڭا «بىز ئۇلۇغ خۇدا، نىجاتكارىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان-شەرەپ بىلەن كېلىدىغانلىقىغا بولغان مۇبارەك ئۈمىدىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىمىز» («تىت.» 2:13). ئۇ ئاھ-زار كۆتۈرىدىغان پۈتكۈل كائىناتقا ئارام ۋە ئازاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئاندىن «ئۇ بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان قۇدرىتى بويىچە بىزنىڭ ئەبگار بۇ تېنىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ شان-شەرەپلىك تېنىگە ئوخشاش ھالغا كەلتۈرىدۇ» («فىل.» 3:21).
روسۇل پاۋلۇسنىڭ «ئىسرائىلنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى» توغرۇلۇق سۆزلىرىنىمۇ كۆرۈڭ («روس.» 26:6-7، 28:20).
پاۋلۇس: «ئۇلۇغ خۇدا، نىجاتكارىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان-شەرەپ بىلەن كېلىدىغانلىقىغا بولغان مۇبارەك ئۈمىد» توغرۇلۇق سۆزلىگىنىدە («تىت.» 2:13) شۇ ئۈمىد شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى. چۈنكى پەقەت مەسىھ يەر يۈزىگە قايتىپ كەلگەندىلا ئۇنىڭ جامائىتىگە نىسبەتەن، ئىسرائىلغا نىسبەتەن، شۇنداقلا پۈتكۈل ئالەمگە نىسبەتەن كۈتكەن ئۈمىد پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

12-ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كېلەيلى: «بوگۆن مەن جاكارلاپ ئېيتىمەنكى، تارتقان جازالىرىڭنىڭ ئەكسىنى ئىككى ھەسسىلەپ ساڭا قايتۇرىمەن».

«بوگۆن» دېگەن سۆزنىڭ مۇشۇ يەردە ئىشلىتىلىشى «بوگۆنكى قىيىنچىلىقلار ۋە ئوسال ھالىڭلارغا قارىماي» دېگەننى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر.

«ئىككى ھەسسىلەپ» دېگەن سۆز خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇقەددەس كىتابتا كۆپ يەرلەردە تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە خۇدانىڭ «تۇنجى باللار» توغرۇلۇق قانۇن-بەلگىلىمىسىدە چۈشەندۈرۈلىدۇ. قانۇن بويىچە، بىرسىنىڭ تۇنجى ئوغۇل بالىسىنىڭ ئاتىسىنىڭ مال-مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغان ئۈلۈشى باشقا باللار ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇشى كېرەك ئىدى. تۇنجى بالىسىنىڭ مەلۇم جەھەتتە تولىمۇ نامۇۋاپىق يېرى بولمىسا ياكى ئاتىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ ھوقۇقنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىشقا قەتئىي بولمايتتى. بىرسىنىڭ ئىككى ئايالىق بولۇشى خۇدانىڭ ئادەمئاتاغا بېكىتكىنى بويىچە ئەمەس ئىدى («مار.» 10:1-9، بولۇپمۇ 6-ئايەتنى كۆرۈڭ). شۇنداقتىمۇ، ئىسرائىلدا بىرسىنىڭ ئىككى ئايالى بولغان بولسا تۆۋەندىكى بەلگىلىمىگە رىئايە قىلىشى كېرەك ئىدى: —

«ئەگەر بىرسىنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ ئۇلارنىڭ بىرىگە ئامراقلىق، يەنە بىرىگە ئۆچلۈك قىلغان بولسا ۋە ئامراق ۋە ئۆچ بولغان ھەر ئىككىسىدىن ئوغۇل تۇغۇلغان بولسا، تۇنجىسىنى ئۆچ ئايالىدىن تاپقان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشى ئوغۇللىرىغا بارىنى مىراس ئۈچۈن ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن كۈنىدە ئۆچ ئايالىنىڭ ئوغلى، يەنى ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ ئورنىغا ئامراق ئايالىنىڭ ئوغلىنى تۇنجى ئوغۇللۇققا قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇ بەلكى ئۆچ ئايالىنىڭ ئوغلىنى تۇنجى ئوغلۇم دەپ ئېتىراپ قىلسۇن؛ تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇقى ئۇنىڭكى بولغاچقا، ئاتىسى بارلىق مال-مۈلكىدىن ئۇنىڭغا ئىككى ئۈلۈش مىراس بەرسۇن» («قان.» 15:21-17.

بۇ بەلگىلىمىنىڭ بىر سەۋەبى، شۈبھىسىزكى، تۇنجى ئوغۇلنىڭ مەسئۇلىيىتى ياشانغان، ئەيىبناق ياكى ئاغرىق بولۇپ قالغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئىدى).

بۇ پرىنسىپ يۇسۇپنىڭ ئەھۋالىدا كۆرۈلىدۇ. ياقۇپنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەن ئىدى؛ لېكىن ئۇ ئاتىسىغا بۇزۇقچىلىق قىلىش بىلەن ۋاپاسىزلىق قىلغاچقا، تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھوقۇق يۇسۇپكە بېرىلدى («2تار.» 5:1-2). يۇسۇپتە شۇ «تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇقى» بولغاچقا، ئۇنىڭ نەسىللىرى «بىر قەبىلە» ئەمەس، بەلكى «ئىككى قەبىلە» — يەنى ئەفرائىم ۋە ماناسسەھ — دەپ ھېسابلاندى. بۇ ئىككى قەبىلە ئىسرائىل مىراس قىلغان زېمىندىن ئىككى ئۈلۈشنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپنى «تۇنجى ئوغۇل» سۈپىتىدە ياقۇپنىڭ بارلىق مال-مۈلكىدىن ئىككى ئۈلۈشنى ئالغان، دېيىشكە بولىدۇ.

ئىسرائىل باشقا ئەللەرگە نىسبەتەن «خۇدانىڭ تۇنجى ئوغلى» دەپ ھېسابلىنىدۇ («مىس.» 4:22) ۋە ئۇنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆز قانۇنىغا ئاساسەن بولىدۇ. ئىسرائىل ئۆز زېمىنىدا ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن باغلىغان ئەھدىسىدە چىڭ تۇرغۇچى خۇدانىڭ مۇداپىئەسى ئاستىدا بولغاندا، ئىسرائىل «ئىككى ھەسسىلەپ» ئۇنىڭ ئىلتىپاتى ۋە بەخت-بەرىكىتىنى كۆرىدۇ. ئۇلاردا شۇنداق ئىمتىياز بولغانىكەن، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىككى ھەسسە جاۋابكارلىقمۇ بولىدۇ — «كىمگە كۆپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى كۆپ بولىدۇ». شۇڭا ئىسرائىل گۇناھ قىلسا (باشقا ئەللەر بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ) «ئىككى ھەسسىلەپ» جازالىنىدۇ. «تۇنجى ئوغۇلنىڭ ئىككى ئۈلۈش مىراسى، شۇنداقلا ئىككى ھەسسە جاۋابكارلىقى بولىدۇ» دېگەن ھەقىقەت مۇنۇ ئايەتلەرگە چۈشەنچە بېرىدۇ: — «ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق قولىدىن گۇناھلىرىنىڭ ئورنىغا ئىككى ھەسسىلەپ مېھىر-شەپقىتىنى ئالدى» («يەش.» 40:2) ۋە «مەن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى ۋە گۇناھىنى بېشىغا ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن؛ چۈنكى ئۇلار زېمىنىمنى ... بۇلغىغان، ۋە مېنىڭ مىراسىمنى لەنەتلىك نەرسىلىرى بىلەن تولدۇرغان» («يەر.» 16:18). مانا شۇ سەۋەبتىن «يېرۇسالېمدا قىلغانلىرىڭ بۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق باشقا يۇرتتا ئەزەلدىن قىلىنغان ئەمەس!» دېيىلىدۇ («دان.» 9:12)؛ مىلادىيە ئونىنچى ئەسىردە داڭقى چىققان بىر يەھۇدىي تارىخشۇناس: «ئىسرائىل تارتقان دەرد-ئەلەملەر باشقا بارلىق ئىنسانلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن» دەپ يازغانىدى.

گەرچە ھازىر يەھۇدىي خەلقىنىڭ بىر قىسمى پەلەستىن زېمىنىنى قايتا ئىگىلىگەن

بولسمۇ، ئۇلار تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر تېخى ئاخىرلاشمىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. ئاخىر بېرىپ، مەسىھنى قوبۇل قىلىپ توۋا قىلغاندىن كېيىن ئۇلار قايتىدىن «خۇدانىڭ تۈنجىسى» سۈپىتىدە «... خورلىنىپ، شەرمەندىلىكتە قالغىنىڭ ئورنىغا ئىككى ھەسسە نېسىۋىسى بېرىلىدۇ؛ رەسۋا قىلىنغانلىقىڭ ئورنىغا ئۇلار تەقسىماتىدا شادلىنىپ تەنتەنە قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زېمىنىغا ئىككى ھەسسىلەپ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ؛ مەڭگۈلۈك شاد-خۇراملىق ئۇلارنىڭكى بولىدۇ» («يەش.» 7:61).

مانا بۇ خۇدانىڭ زەكەرىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق «تارتقان جازالىرىڭنىڭ ئىككى ھەسسىسىدە ئەكسىنى قايتۇرىمەن» دېگىنىنىڭ مەنىسىدۇر.

9-باب 13-15-ئايەتلەردە مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن بولىدىغان بىرنەچچە ئىش قايتىدىن تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. ئىسرائىل گۇناھلىرىدىن ئازاد بولۇپ، يەنىلا ئۆز زېمىنىدا «ئىككى ھەسسە» ئۆز ئۈلۈشىگە ئېرىششتىن ئىلگىرى «دۇنياۋى كۈچلەر» مەغلۇپ قىلىنىپ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ دۈشمەنلىرى ئاغدۇرۇلۇشى كېرەك بولىدۇ: —

«چۈنكى ئۆزۈم ئۈچۈن يەھۇدانى ئوقيادەك ئېگىلدۈردۈم، ئەفرائىمنى ئوق قىلىپ ئوقياغا سالدىم؛ مەن ئوغۇل باللىرىڭنى ئورنىدىن تۇرغۇزىمەن، ئى زىئون — ئۇلار سېنىڭ ئوغۇل باللىرىڭغا قارشى جەڭ قىلىدۇ، ئى گرېتسىيە!

ئى زىئون، مەن سېنى پالۋاننىڭ قولىدىكى قىلىچتەك قىلىمەن. پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنىدۇ؛ ئۇنىڭ ئوقى چاقماقتەك ئېتىلىپ ئۇچىدۇ. رەب پەرۋەردىگار كانايىنى چالىدۇ؛ ئۇ جەنۇبتىكى دەھشەتلىك قارا قۇيۇنلارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈش قىلىدۇ» (13-14).

ئۇشبۇ بابتىكى ئاخىرقى ئايەتلەردىكى بېشارەت توغرىسىدا بىرنەچچە بايقىغىنىمىز تۆۋەندە: —

(ئا) «گرېتسىيەنىڭ ئوغۇل باللىرى» — بۇ ئىسكەندەر ئۆلگەندىن كېيىنكى «دۇنياۋى كۈچ» دەپ ھېسابلانغان گرېتسىيە ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ

(زەكەرىيانىڭ دەۋرىدە ئۇلار «دۇنياۋى كۈچ» ئەمەس ئىدى). لېكىن بېشارەت ئىسكەندەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن يىراقتىكى كەلگۈسكە، يەنى ئاخىرقى زامانلارغا ئاتلاپ ئۆتىدۇ. بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى يەھۇدىي «ماككابىيلار» («بازغانلار») دېگەن باتۇر خەلقنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4- ۋە 3-ئەسىردە سۇرىيەنى ئىدارە قىلغان گرېك ھۆكۈمدارلار بولغان «سېلېۇقۇسلار» بىلەن بولغان جەڭلىرى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ جەڭلەردە «ماككابىيلار» ئەسلىدە يەھۇدىي خەلقنى مۇتلەق يوقاتماقچى بولغان «يېڭىلمەس كۈچلەر» دەپ ئاتالغان «سېلېۇقۇسلار»نى مەغلۇپ قىلدى. جەڭلەر «ماككابىيلار» دېگەن كىتابنىڭ 1-، 2- ۋە 4-تومىدا خاتىرىلىنىدۇ. مۇشۇ كىتابلار مۇقەددەس كىتابنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بىراق ئۇ بىرقەدەر ئىشەنچلىك تارىخىي خاتىرىلەر دەپ ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە «ماككابىيلار» توغرۇلۇق «ئېتىقادى ئارقىلىق ... ئۇلار قىلىچنىڭ تىغىدىن قېچىپ قۇتۇلدى، ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى، جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتتى، يات ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرىنى تىرى-پىرەك قىلدى» دېيىشكە بولىدۇ («ئىبر.» 34:11).

(ئە) بېشارەت شۇ جەڭلەر بىلەن توختىمايدۇ؛ چۈنكى تولۇق بېشارەت بارلىق دۇنياۋى ئىمپېرىيەلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. «ماككابىيلار» بولسا خۇدا كۈچلەندۈرگەن كەلگۈسىدىكى باتۇر ئىسرائىلغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

(ب) پەرۋەردىگار «جەنۇبتىكى دەھشەتلىك قارا قۇيۇنلار بىلەن تەڭ يۈرۈش قىلىدۇ» دېيىلىدۇ. پەلەستىندە ئەڭ دەھشەتلىك قارا قۇيۇنلار ئادەتتە جەنۇب تەرەپتىن چىقىدۇ («زەب.» 9-6:18، «زەب.» 19-16:77، 6:144، 7 ۋە بولۇپمۇ «ھاب.» 14-12:3نى كۆرۈڭ).

(پ) شۇ چاغدا مەسىھ پەرۋەردىگارغا ۋەكىل بولۇپ: «ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنىدۇ؛ ئۇنىڭ ئوقى چاقماقتەك ئېتىلىپ ئۇچىدۇ» ۋە «خۇدانىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى» سۈپىتىدە: «كانايىنى چالىدۇ» («يەش.» 30:30-33دە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەھۋال كۆرسىتىلىدۇ؛ شۇ چاغدا دۈشمەن ئاسۇرىيەلەر ئىدى). ئاندىن ئۇ «چىقىپ شۇ يات ئەللەر بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ئۇنىڭ جەڭ قىلغان كۈنىدىكىدەك ئۇرۇشىدۇ» (3:14نى كۆرۈڭ).

(«جەڭ قىلغان كۈنىدىكىدەك» — بەلكىم پەرۋەردىگار ئىسرائىلنى

مىسىردىن قۇتقۇزغان كۈنىنى («مىس.» 14-15-باب) ياكى يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە ئۇنىڭ ئامورىيلار بىلەن قىلغان جېڭىنى كۆرسىتىدۇ («يەشۇئا» 10-باب)).
(ت) 15-ئايەت زەبۇرنىڭ مۇئەللىپىنىڭ: «خۇدا ئارقىلىق بىز چوقۇم باتۇرلۇق كۆرسىتىمىز؛ بىزگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى چەيلىگۈچى دەل ئۇ ئۆزىدۇر!» دېگەن سۆزلىرىنى بىزگە ئەسلىتىدۇ («زەب.» 60:12، 108:13): — «پەرۋەردىگار... ئۇلار ئۇچۇن مۇداپىئە بولىدۇ» (ئىبرانىي تىلىدا «ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قالقان بولىدۇ»).
داۋۇت پەيغەمبەر «زەب.» 3:3دە: — «سەن، پەرۋەردىگار، ئەتراپىمدىكى قالقاندۇرسەن»، دەيدۇ. «يەش.» 37:33، 38:6، «يار.» 15:1نىمۇ كۆرۈڭ.
— «ئۇلار سالغا تاشلىرىنى كۇكۇم قىلىپ، دەسسەپ چەيلەيدۇ؛ ئۇلار ئىچىۋېلىپ، شاراب كەيپىنى سۈرگەنلەردەك قىيقاس-سۈرەن كۆتۈرىدۇ؛ ئۇلار قانغا مىلەنگەن قۇربانگاھنىڭ بۇرجەكلىرىدەك، قانغا تولدۇرۇلغان قاچىلاردەك بولىدۇ». مۇشۇ ئايەتتە ئىسرائىلنىڭ «ئىچىۋېلىش»ىنى كۆچمە مەنىدە، يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قارشىلىقلىرىنى ئىچمىلىكنى غورتۇلداپ ئىچكەندەك ئاسانلا يىمىرىۋېتىدۇ، دەپ چۈشىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە.
مۇقەددەس روھ ئارقىلىق، زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ مۇشۇ ئايەتتە «خۇلاسىلىگەن» ئىلگىرىكى بېشارەتلەر مۇنۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: —
خۇدانىڭ «ساختا پەيغەمبەر» بالائامنىڭ ئاغزىغا سالغان سۆزى: «مانا، بۇ قوۋم (ئىسرائىل) چىشى شىردەك قوپىدۇ، ئەركەك شىردەك قەددىنى رۇسلايدۇ؛ ئۆزى ئوۋلىغان ئوۋنى يېمىگۈچە، ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قېنىنى ئىچمىگۈچە، ھەرگىز ياتمايدۇ!» («چۆل.» 23:24) ۋە: —
«ياقۇپنىڭ قالدىسى ئەللەر ئارىسىدا،
يەنى نۇرغۇن خەلقلەر ئارىسىدا ئورماندىكى ھايۋانلار ئارىسىدىكى شىردەك بولىدۇ،
قوي پادىلىرى ئارىسىدىكى ئارسلاندەك بولىدۇ؛
شىر ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن،
ھېچكىم قۇتقۇزۇپ ئالالمىغۇدەك چەيلەپ دەسسەيدۇ،
تىتما-تىت قىلىپ يىرتىۋېتىدۇ» («مىك.» 5:8).

(ج) ئىسرائىل 16-ئايەتتە «تاج گۆھەرلىرى»گە ئوخشىتىلىدۇ. دۈشمەنلەر بولسا ئايىغ ئاستىدا دەسسەپ چەيلىنىدىغان «سالغا تاشلىرى»غا ئوخشىتىلىدۇ.

ئاخىرقى ئىككى ئايەتتە بىشارەت يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. خۇداغا قارشى چىققان بارلىق دۇنياۋى كۈچلەر ئاغدۇرۇلۇپ، خۇدانىڭ خەلقى كۆتۈرۈلۈپ شان-شەرەپكە ئېرىشىدۇ: ــ «پەرۋەردىگار بولغان ئۇلارنىڭ خۇداسى ئۇلارنى ئۆزۈم باققان پادام بولغان خەلقىم دەپ بىلىپ قۇتقۇزىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار تاج گۆھەرلىرىدەك ئۇنىڭ زېمىنى ئۈستىدە كۆتۈرۈلىدۇ».

بۇ سۆزلەردە بىشارەتچىنىڭ ئىمىسى جەڭلەر ۋە قان تۆكۈلۈشلەردىن ئۆتۈپ «پادىچى ۋە پادىسى» دېگەن ئىمىغا كېلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە كىتابنىڭ ئاخىرقى بابلىرىدىكى چوڭ ئىمىدۇر.

(چ) پەرۋەردىگار شۇ كۈندە «ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ». بۇ قۇتقۇزۇش پەقەت ئۇنىڭ ئۇلارغا ياردەمدە بولۇپ دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزۇشىلا ئەمەستۇر؛ چۈنكى بۇ ئىشلار بىشارەتتە ئاللىقاچان ئېنىق بايان قىلىندى. مۇشۇ يەردىكى «قۇتقۇزۇش» گۇناھتىن، بارلىق روھىي بۇلغىنىشلاردىن پاكلاندۇرۇش نىجاتىدۇر. ئۇ ياخشى پادىچى ئۆز پادىسى ئۈچۈن بارلىق قىلغانلىرىدەك ئىسرائىلنى «ئىزدەپ تېپىپ»، «قۇتقۇزۇپ» ئاندىن ئۆزى (مەسىھ ئارقىلىق) ئۇلارنى باقىدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەر دېگۈدەك بۇ ئۇلۇغ ئىما توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. شۇ چاغدا ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى داۋۇت پەيغەمبەر ئەك تونۇش كۈيدە ئېيتقاندەك: ـ «پەرۋەردىگار مېنى باققۇچى پادىچىمدۇر، موھتاج ئەمەسمەن ھېچنەرسىگە» دېيەلەيدىغان بولىدۇ («زەب.» 1:23)

(خ) پەرۋەردىگار بۇ «قۇتقۇزۇش»ى بىلەن ئۇلارنى ئىنتايىن يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدۇ. ئىسرائىل «تاج گۆھەرلىرىدەك ئۇنىڭ زېمىنى ئۈستىدە كۆتۈرۈلىدۇ». ئىبرانىي تىلىدا «تاج» مۇشۇ يەردە پادىشاھنىڭ ياكى كاھىننىڭ تاجىنى كۆرسىتىدۇ («مىس.» 6:29دە ئۇ باش كاھىننىڭ سەللىسىنىڭ ئۈستىگە تاقىلىدىغان «مۇقەددەس ئوتۇغاتنى»نى كۆرسىتىدۇ).

يەشايا پەيغەمبەر بۇ بىشارەتتىكىدەك ئىسرائىلنىڭ پارلاق كېلەچىكى توغرۇلۇق: «(زىئوننىڭ) ھەققانىيلىقى جۇلالىنىپ چاقناپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ نىجاتى بولسا لاۋۇلداۋاتقان مەشئەلدەك چىقىدۇ»، ئاندىن بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە:

«... ئەللەر سېنىڭ ھەققانىيلىقىڭنى، بارلىق پادىشاھلار شان-شەرىپىڭنى كۆرىدۇ» دەيدۇ. ئەك ئاخىردا: «... سەن پەرۋەردىگارنىڭ قولىدا تۇرغان گۈزەل بىر تاج، خۇدايىڭنىڭ قولىدىكى شاھانە باش چەمبىرىكى بولىسەن» دېيىلىدۇ («يەش.» 1:62-3).

(د) بۇ ئايەتتىكى «ئۇنىڭ زېمىنى ئۈستىدە» دېگەن ئىبارە بىزگە پەلەستىن زېمىنى ھەممىدىن ئاۋۋال خۇدانىڭ ئۆزىنىڭكى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. گەرچە پۈتكۈل يەر يۈزى ئۇنىڭغا تەۋە بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا پەلەستىن توغرۇلۇق ئالاھىدە «زېمىنىنىڭ ئۆزى مېنىڭكى» دېدى («لاۋ.» 23:25). ئۇ يەنە «ئىممانۇئەلنىڭ زېمىنى» («يەش.» 8:8) دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ چۈنكى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى «ئىممانۇئەل» يەنى مەسىھ ئىبراھىمنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى، شۇنداقلا داۋۇتنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ۋارىس بولىدۇ (زېمىن داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان «ھەقىقىي پادىشاھ»قا ۋەدە قىلىنغانىدى)؛ لېكىن «خۇدانىڭ ئوغلى» سۈپىتىدە زېمىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ تەۋە بولىدۇ.

بېشارەت پەيغەمبەرنىڭ ھاياجانلىنىپ ئېيتقان سۆزى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ: —

«شۇنچە زوردۇر ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى، شۇنچە قالتىستۇر ئۇنىڭ گۈزەللىكى!»

«گۈزەل» دېگەن بۇ سۆز (ئىبرانىي تىلىدا «يافى») تەۋراتتا مەسىھنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ مەسىلەن، «ئىنسان بالىلىرى ئىچىدە سەن ئەڭ گۈزەلدۇرسەن» («زەب.» 2:45) ۋە: «كۆزلىرىڭ پادىشاھنى گۈزەللىكىدە كۆرىدۇ» («يەش.» 17:33) دېيىلىدۇ. مۇشۇ يەردە «گۈزەل» دېگەن سۆز بىرىنچى قېتىم خۇدا توغرۇلۇق بىۋاستە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇشۇ يەردىمۇ مەسىھنى كۆرسىتىدۇ؛ چۈنكى ئىسرائىلنىڭ كۆرۈنمەس خۇدانىڭ گۈزەللىكىنى كەلگۈسىدە كۆرۈشى دەل ئۇلارنىڭ پادىشاھى مەسىھنىڭ يۈزىدە بولىدۇ.

لېكىن خۇدانىڭ گۈزەللىكىنى ئىزدەشكە شۇ كۈننى كۈتۈشىمىز لازىم ئەمەس؛ چۈنكى بىز ھەتتا بۈگۈنمۇ داۋۇت پەيغەمبەر بىلەن بىللە:

«پەرۋەردىگاردىن بىرلا نەرسىنى تىلەپ كەلدىم؛ مەن شۇنىڭغا ئىنتىلىمەكتىمەنكى —

ئۆمۈر بويى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە بولسام،
پەرۋەردىگارنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ يۈرسەم،
ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇپ يېتەكلىشىگە مۇيەسسەر بولسام
دەيمەن!» («زەب.» 4:27) دەپ دۇئا قىلالايمىز؛ مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئېتىقادچىلار ئۈچۈن بۇ بۈگۈن رېئاللىق بولىدۇ: ــ «ئەمما رەب شۇ روھتۇر؛ ۋە رەبنىڭ روھى قەيەردە بولسا، شۇ يەردە ھۆرلۈك بولىدۇ. ۋە بىز ھەممىمىزنىڭ يۈزىمىز چۈمپەردىسىز ھالدا رەبنىڭ شان-شەرىپىگە قارىغىنىدا، ئوخشاش سۈرەتتە بولۇشقا شان-شەرەپتىن شان-شەرەپكە روھ بولغان رەب تەرىپىدىن پەللىمۇپەللە ئۆزگەرتىلمەكتىمىز» ــ دەيدۇ روسۇل پاۋلۇس («كورىنتلىقلار (2)» 18:3).

پەيغەمبەرنىڭ: «شۇنچە زوردۇر ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى!» دەپ تولۇقلىنىنى داۋۇتنىڭ زەبۇردا ئىلگىرىكى ئۆلۈغ سۆزىنى «خۇلاسىلايدۇ»: ــ «ئۆزۈڭنى باشپاناھ قىلغانلار ئۈچۈن ئىنسان باللىرىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىڭ، يەنى ئۆزۈڭدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ساقلىغان ئىلتىپات-نېمەتلىرىڭ نەقەدەر زوردۇر!» («زەب.» 19:31) ۋە «ئۇلار زور مېھرىبانلىقىڭنى ئەسلەپ، ئۇنى مۇبارەكلەپ تارقىتىدۇ!» («زەب.» 7:145).

خۇدانىڭ ياخشىلىقى توغرۇلۇق قەدىمكى بىر ئالىم دېگەنىدەك: «بارلىق يېقىملىق نەرسىلەر ئۆزىدىكى يېقىملىقنى، بارلىق گۈزەل نەرسىلەر ئۆزىدىكى گۈزەللىكنى، بارلىق پارلاق نەرسىلەر ئۆزىدىكى جۇلانى، بارلىق جانىۋارلار ئۆزىدىكى ھاياتنى، بارلىق سەزگۈسى بارلار ئۆزىدىكى سەزگۈنى، بارلىق مىدىرلىغۇچىلار ئۆزىدىكى دەرماننى، بارلىق ئەقلى بارلار ئۆزىدىكى بىلىمنى، بارلىق مۇكەممەل نەرسىلەر ئۆزىدىكى مۇكەممەللىكنى، بارلىق ھەرقانداق ياخشىلىق بار نەرسىلەر ئۆزىدىكى ياخشىلىقنى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىدۇ».

ئىسرائىلنىڭ زور روھىي ئۆزگىرىشى ئۆز زېمىنىدىكى چوڭ جىسمانىي ئۆزگىرىش بىلەن ئەكس ئېتىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا بەلگە بولىدۇ: «زىرائەتلەر يىگىتلەرنى، يېڭى شاراب قىزلارنى ياشنىتىدۇ!».

## (داۋامى) 10-باب — ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى بولغان پادىشاھنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلىرى

ئىسرائىلنىڭ ئۆز پادىچىسى ھەم پادىشاھىنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە يېتەكچىلىكىدە قانداق بەخت-بەرىكەت ۋە باياشاتنى كۆرىدىغانلىقى بۇ 10-بابتىكى تېما. 1:10-4-ئايەتلەر 9-بابتىكى 7-11-ئايەتلەرنىڭ داۋامىدۇر: —

«پەرۋەردىگاردىن «كېيىنكى يامغۇر» پەسلىدە يامغۇرنى تەلەپ قىلىڭلار؛ پەرۋەردىگار چاقماقلارنى چاقتۇرۇپ، ئۇلارغا مول يامغۇرلارنى، شۇنىڭدەك ھەربىرىگە ئېتىزدا ئوت-چۆپلەرنى بېرىدۇ» (1-ئايەت).

«كېيىنكى يامغۇر» بولسا پەلەستىندە 3- ياكى 4-ئايدا ياغىدۇ، ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنى پىشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ يامغۇرلار بولمىسا ھېچ ھوسۇل بولمايدۇ. شۇڭا بۇ دۇئا يۇقىرىقى 19:7دىكى بېشارەت بىلەن باغلىنىشلىق؛ زىرائەتلەر ۋە ئۈزۈملەرگە يامغۇر كېرەك، ئەلۋەتتە. پەلەستىن قايتىدىن «سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان» بىر زېمىن بولۇشى ئۈچۈن بۇ يامغۇرلارنىڭ مول بولۇشىغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق. گەرچە بۇ ئىش ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان بولسىمۇ، ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا بىلەن تىلىشى كېرەك. «ئەزاكىيال» 36-بابتا خۇدا ئىسرائىلغا ۋەدە قىلغاندەك: «بۇ ۋەيران قىلىنغان زېمىن خۇددى ئېرەم باغچىسىدەك بولدى؛ خارابە، ۋەيران قىلىنغان شەھەرلەر ھازىر مۇستەھكەملەندى، ئاھالىلىك بولغان»دىن كېيىن ئۇ ئۇلارغا يەنە: «مەن يەنىلا ئىسرائىلنىڭ جەمەتىنىڭ بۇ ئىشلارنى تىلەيدىغان دۇئا-تىلاۋەتلىرىگە ئىجابەت قىلغۇچى بولىمەن» دەيدۇ (35:36-37). بۇ ئىشتىن شۇ مۇھىم ھەقىقەتنى كۆرىمىزكى، خۇدانىڭ ۋەدىلىرىدىن نۇرغۇنلىرى پەقەت خەلقىنىڭ ئېتىقادى ۋە دۇئا-تىلەشلىرى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

ئىسرائىل خۇدانىڭ يولىدا ماڭغان بولسا ئۇ ئۇلارغا شۇ مول يامغۇرنى بېرەتتى:

«شۇنداق بولىدۇكى، سىلەر پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى سۆيۈپ، پۈتكۈل قەلبىڭلار ۋە پۈتكۈل جېنىڭلار بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن بۇگۈن سىلەرگە تاپىلىغان ئەمرلەرگە كۆڭۈل قويۇپ قۇلاق سالساڭلار، مەن زېمىنىڭلارغا ئۆز پەسلىدە يامغۇر، يەنى دەسلەپكى

ۋە كېيىنكى يامغۇرلارنى ئاتا قىلىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئاشلىقلىرىڭلارنى، يېڭى شارابىڭلارنى ۋە زەيتۇن مېيىڭلارنى يىغالايسىلەر...» («قان.» 13:11-15، «لاۋ.» 3:26، 4، «قان.» 1:28-12، «يەر.» 14:22نىمۇ كۆرۈڭ.

مۇقەددەس يازمىلاردا «يامغۇر» بەزىدە خۇدانىڭ جىسمانىي ھەم روھىي ئىلتىپاتلىرىنىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندا: «سەن، ئى خۇدا، ئۆز مىراسىڭ بولغان زېمىن-خەلق ئۈستىگە خاسىيەتلىك بىر يامغۇر ياغدۇردۇڭ؛ ئۇلار ھالسىزلانغاندا ئۇلارنى كۈچلەندۈردۇڭ» - دەپ ئوقۇيمىز («زەب.» 9:68). ئىسرائىل ئۇزۇن ۋاقىت ئۇيان-بۇيان كېزىپ، ئېزىپ يۈرگەندىن كېيىن، پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۆز يېنىغا قايتقۇزغاندا، شۇ چاغدا ئۇلارغا نىسبەتەن «پادىشاھنىڭ چىرايى كىشىگە جان كىرگۈزەر؛ ئۇنىڭ شەپقىتى ۋاقتىدا ياققان «كېيىنكى يامغۇر»دۇر» بولىدۇ (ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ شەپقىتى «كېيىنكى يامغۇرلار»نى ئەپكەلگەن بۇلۇتتۇر») («پەند.» 15:16)؛ شۇ چاغدا ئۇلار خۇدانى ئىزدەيدىغان «شاپائەت يەتكۈزگۈچى ۋە شاپائەت تىلىگۈچى روھ» ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلغاچقا خۇدا جاۋابەن: «مەن ئۇسساپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە سۇنى، قاغجىراق يەرنىڭ ئۈستىگە كەلكۈنلەرنى قۇيۇپ بېرىمەن؛ نەسلىڭ ئۈستىگە روھىمنى، ئەۋلادلىرىڭ ئۈستىگە بەرىكىتىمنى قۇيىمەن» - دەيدىغان بولىدۇ («يەش.» 3:44).

«كېيىنكى يامغۇرلار» روھىي ئىلتىپاتلار ۋە بەرىكەتلەرگە ۋەكىل بولغاچقا، بارلىق ئېتىقادچىلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ شۇ جېكىلەش بېشارىتىدە بەك پايدىلىق ساۋاقلار بار: -

(1) «پەرۋەردىگاردىن .... تەلەپ قىلىڭلار؛ ...پەرۋەردىگار ... بېرىدۇ». بۇ سۆزلەر رەببىمىزنىڭ: «تىلەڭلار، سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلىتىدۇ. خۇدا دەرۋەقە چىن كۆڭۈلدىن چىققان دۇئا-تىلەكلەرنى ئاڭلىغۇچىدۇر. ئۇ بەزىدە كۆرۈنۈشتە «تەبىئىي يولدا» دۇئايىمىزغا جاۋاب يەتكۈزىدۇ - مەسىلەن، «چاقماقلارنى چاقتۇرۇپ» يامغۇر بېرىدۇ. يەرەمىيا پەيغەمبەر: «ئۇ يامغۇرلارغا چاقماقلارنى ھەمراھ قىلىپ بېكىتىدۇ» دەيدۇ («يەر.» 13:10، «زەب.» 7:135نى قايتىلاپ).

(2) «پەرۋەردىگاردىن ... يامغۇرنى تەلەپ قىلىڭلار؛ پەرۋەردىگار ئۇلارغا مول يامغۇرلارنى... بېرىدۇ».

ئەمدى مەيلى پانىي دۇنيادىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىش بولسۇن، روھىي ئىش بولسۇن خۇدا «... بارلىق تىلىكىمىز ياكى ئويلىغانلىرىمىزدىنمۇ ھەددى-ھېسابسىز ئارتۇق قىلىشقا قادىر بولغۇچى»دۇر («ئەف.» 20:3).

(3) «پەرۋەردىگار... شۇنىڭدەك ھەربىرىگە ئېتىزدا ئوت-چۆپلەرنى بېرىدۇ». ھېچكىم ئۇنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن سىرتتا قالغان ئەمەس، ئۇزىگە قارايدىغان ھەربىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا شەخسەن تەييار تۇرىدۇ.

ئەمما بارلىق دۇئا-تىلاۋەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشتىكى بىر چوڭ شەرتى باردۇر؛ ئۇ بولسىمۇ، پۈتۈن كۆڭلىمىز بىلەن جاۋابنى يالغۇز خۇدا ئۆزىدىنلا كۈتۈشىمىز لازىم:

«تىڭشا، خەلقىم، مەن سېنى گۇۋاھلار بىلەن ئاگاھلاندۇرمەن؛
ئى ئىسرائىل، ماڭا قۇلاق سالساڭ ئىدى! ئاراڭدا يات ئىلاھ بولمىسۇن، يات ئەلدىكى ئىلاھقا باش ئەگمىگىن! سېنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگار خۇدايىڭدۇرمەن؛ ئاغزىڭنى يوغان ئاچ، مەن ئۇنى تولدۇرىمەن» («زەب.» 81:8-10).

چۈنكى ئىسرائىلنى پالاكەت-ھالاكەت يولىغا سالغان ئىش بولسا، دەل ئۇلارنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكى، تىرىك خۇدانى تاشلاپ ئەللەر چوقۇنغان ئەرزىمەس بۇتلارغا ئەگەشكەنلىكى ئىدى. 2-ئايەتتە پەيغەمبەر ئۇلارغا بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەسلىتىدۇ:

— «چۈنكى «ئۆي بۇتلىرى» («تەرافىم») بىمەنە گەپلەرنى ئېيتقان، پالچىلار يالغان «ئالامەت»لەرنى كۆرگەن، تۇتۇرۇقسىز چۈشلەرنى سۆزلىگەن؛ ئۇلار قۇرۇق تەسەللى بېرىدۇ. شۇڭا خەلق قوي پادىسىدەك تېنەپ كەتتى؛ ئۇلار پادىچىسى بولمىغاچقا، ئازار يېمەكتە».

«ئۆي بۇتلىرى» (ئىبرانىي تىلىدا «تەرافىم») «پالچىلىق يولىنى كۆرسىتىدىغان» بىر خىل بۇتلار ئىدى. ئۇلارنىڭ «پالچى بۇتلار» ئىكەنلىكى، مەسىلەن، «يار.» 31-باب، «ھاك.» 17-18-بابلاردىن كۆرۈنىدۇ. ئەمدى شۇ ئايەتتىن كۆرۈنەرلىككى، ئىسرائىل خۇدادىن ئايرىلغان ۋاقىتلاردا ھەرخىل قالايمىقان ئاماللارنى ئىشلىتىپ يول ئىزدەپ يۈرەتتى. جادۇگەرلىك، پالچىلىق، رەممالچىلىق، تىل-تۇمارلارغا تايىنىش — بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەسلىككە ئوخشاش، ئادەملەرنى جىن-شەيتانلارغا

ئەسىر قىلىپ باغلاپ قويىدۇ. خۇدانىڭ ھەقىقەتنى رەت قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك: — «قانۇنغا قارشى تۇرغۇچىنىڭ مەيدانغا چىقىشى شەيتاننىڭ پەنتلىرى بىلەن بولۇپ، ئۇ ھەر تۈرلۈك كۈچ-قۇدرەت، مۆجىزە ۋە يالغان كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلەرنى ئازدۇرىدىغان ھەرخىل قەبىھ ھىيلە-مىكرلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالاكەت ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۆزلىرىنى نىجاتقا يېتەكلەيدىغان ھەقىقەتنى سۆيمەي، ئۇنىڭغا قەلبىدىن ئورۇن بەرمەسلىكىدىندۇر. شۇ سەۋەبتىن، خۇدا ئۇلارغا يالغانچىلىققا ئىشەنسۇن دەپ ھەقىقەتتىن چەتنەتتىدىغان بىر كۈچ ئەۋەتىدۇ...» («2تېس.» 2:9-12).

«ئۇلار پادىچىسى بولمىغاچقا، ئازار يېمەكتە». رەب ئەيسا مەسىھ ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىي خەلقىگە قاراپ: «توپ-توپ ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى، چۈنكى ئۇلار خارلىنىپ پادىچىسىز قوي پادىلىرىدەك پاناھسىز ئىدى». بەرھەق، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن پەقەت بىرلا ھەقىقىي پادىچى باردۇر.

3-ئايەتكە ئۆتەيلى. ئەسلىدە ئۇلارنى بېقىش ۋەزىپىسى بارلار ئۇلاردىن تېنىپ «ساختا پادىچى» بولۇپ چىققاچقا، پەرۋەردىگار ئۇلارغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆزى ئۇلارغا پادىچى بولۇپ، باقىدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ساختا پادىچىلارنى جازالاش بولىدۇ: — «مېنىڭ غەزىپىم پادىچىلارغا قوزغالدى؛ مەن مۇشۇ «تېكە» يېتەكچىلەرنى جازالايمەن». مۇشۇ يەردىكى «پادىچىلار» ۋە «تېكە»لەر بولسا يەرەمىيا پەيغەمبەر ۋە ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئەيىبلىگەن ئىسرائىلنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋاپاسىز پادىشاھلىرى، شاھزادىلىرى، ئەمىرلىرى، سوراقچىلىرى، كاھىنلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ («يەرەمىيا» 23-باب ۋە «ئەزاكىيال» 34-بابنى كۆرۈڭ) — قىسقىسى، ئۆز خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك بولغان، لېكىن ئەكسىچە ئۇلارنى ئازدۇرغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

«تېكە»لەر «ئەز.» 34:34دە بولسا نامراتلارنى بوزەك قىلىدىغان باي ۋە كۈچلۈك ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ: «ئەمدى سىلەرگە كەلسەم، ئى مېنىڭ پادام، — رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مانا، مەن قوي ۋە قوي ئارىسىدا، قوچقارلار ۋە تېكىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىمەن» (17:34). بارلىق

پادىچىلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، تېكلەر ئىنتايىن تويماس كېلىدۇ، ئادەتتە ئوت-چۆپلەرنى يىلتىزىدىن يەۋېتىدۇ.

پەرۋەردىگار ئۇلارنى ساختا پادىچىلاردىن قۇتقۇزۇپلا قالماي، ئۆزى كېلىپ ئۇلارنى باقماقچى: — «چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۆز پادىسىدىن، يەنى يەھۇدا جەمەتىدىن خەۋەر ئېلىشقا كەلدى (ئىبرانىي تىلىدا «يوقلاپ كەلدى»)؛ ئۇ جەڭدە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك ئېتىدەك قىلىدۇ» (3-ئايەتنىڭ داۋامى). ئىسرائىلنىڭ «(خۇدانىڭ) ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك ئېتى» بولىدىغانلىقى بەلكىم خۇدانىڭ ئەللەرنى سوراقتا تارتىپ جازالىشىدا ئۇلار ئۇنىڭ «جەڭگە چىققاندا مىنىدىغان ئېتى» بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4-ئايەتكە ئۆتەيلى. مۇشۇ ئايەتتە زەكەرىيا پەيغەمبەر مۇقەددەس روھنىڭ يوليورۇقى بىلەن «ئىلگىرىكى پەيغەمبەر»لەرنىڭ مەسىھ توغرىسىدىكى بېشارەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم «خۇلاسىلەپ» يازىدۇ: —

«ئۇنىڭدىن، يەنى يەھۇدادىن «بۇرجەك تېشى»، ئۇنىڭدىن «قوزۇق»، ئۇنىڭدىن «جەڭ ئوقياسى»، ئۇنىڭدىن «ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى» چىقىدۇ».

«ئۇنىڭدىن» («يەھۇدادىن» دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك) دېگەن سۆز بەلكىم «قان.» 15:17-19نى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇ ئايەتلەردە «مۇسا پەيغەمبەرگە ئوخشايدىغان»، ئەمما ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ «ئاراڭلاردىن، يەنى قېرىنداشلىرىڭدىن» چىقىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ؛ «يەر.» 30:25دىمۇ: «ئۇلارنىڭ بېشى ئۆزلىرىدىن بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگۈچىسى ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىن چىقىدۇ» دېيىلىدۇ. «مىك.» 2:5دە مەسىھنىڭ دەل «يەھۇدا»دىن، يەنى يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىكى «بەيت-لەھەم ئەفراتاھ» دېگەن كىچىك يېزىدىن چىقىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ: «سەن (بەيت-لەھەم ئەفراتاھ)دىن مەن ئۈچۈن ئىسرائىلغا ھاكىم بولغۇچى چىقىدۇ». بىز بۇ ئىش ئۈستىدە «مىكاھ»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىمۇ توختالدۇق.

4-ئايەت بولسا 3-ئايەتتە ئېيتىلغان ئاجايىب ئۆزگىرىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن؛ چۈنكى مەسىھنىڭ تۆت نام-ئۇنۋانى ياكى سۈپىتى بۇ ئايەتتە ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ: —

## (1) «بۇرجەك تېشى»

«بۇرجەك تېشى» - بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغىنى «يەش.» 16:28دىكى بېشارەت: «مانا، زىئوندا ئۇل بولۇش ئۈچۈن بىر تاش، سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن بىر تاش، قىممەتلىك بىر بۇلۇڭ تېشى، ئىشەنچلىك مۇقىم ئۇل تېشىنى سالغۇچى مەن بولىمەن. ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تايانغان كىشى ھېچ ھودۇقمايدۇ، ئالدىرىمايدۇ». رەببىمىزنىڭ ئۆزى ھەم ئۇنىڭ روسۇللىرى بۇ بېشارەتنى مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ («مات.» 42:21، «روس.» 11:4، «1پېت.» 2:4-8). «بۇرجەك تېشى» نېمە بولىدۇ؟ بىرىنچىدىن، مەسىھ «خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك ئۆيى، يەنى تىرىك خۇدانىڭ ئائىلىسى، ئۆز جامائىتى» ئۈچۈن بىردىنبىر «بۇرجەك تېشى»دۇر.

تۆۋەندىكى سۆزلەر «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىن ئېلىنغان: «ئەف.» 2:20دە، جامائەتنىڭ «بۇرجەك تېشى» بولسا مەسىھدۇر دەپ ئېيتىلىدۇ. ھەرقانداق بۈيۈك بىنادا «بۇرجەك تېشى» ئەڭ مۇھىم تاش، بىنانىڭ ئۇلىغا بىرىنچى سېلىنىدىغان تاشتۇر. «بۇرجەك تېشى» سېلىنغاندا بىنانىڭ تۇرىدىغان جايىنى ۋە يۆلىنىشىنى توغرا بېكىتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلىغا ئاندىن بىنانىڭ ئۆزىگە سېلىنغان بارلىق تاشلار بۇرجەك تېشى بىلەن توپتوغرا توغرىلىنىشى كېرەك؛ ئۇنىڭ بىلەن توغرىلانمىسا قۇرۇلۇش لاياقەتلىك بولمايدۇ؛ ئۇنداق بولغاندا، توغرىلانمىغان تاش ئېلىۋېتىلىپ قايتىدىن قويۇلۇشى كېرەك بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ بىزنىڭ جامائەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە قانداق باغلىنىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولۇشى كېرەك. جامائەتكە قانداق ۋە قەيەردە سېلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال مەسىھ بىلەن قانداق «توغرىلانغانلىقىمىز»نى ئېنىقلىشىمىز كېرەك. بىرىنچى ئەسىردىكى روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتلىرى بۇرجەك تېشىنىڭ ئۆزى بىلەن توغرىلانغان بولغاچقا «ئۇلۇق ئادەملەر» بولۇشقا لاياقەتلىك ئىدى. بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى «ئۇلۇق ئادەملەر»مۇ شۇ ئوخشاش ئۆلچەم بىلەن سىنىلىپ تونۇلىدۇ».

يەنە بىر تەرەپتىن، «بۇرجەك تېشى» ئىككى تامنى بىر-بىرىگە جىپسلاشتۇرىدۇ. مەسىھدە يەھۇدىي ھەم يات ئەللىك ئېتىقادچىلار بىر-بىرىگە ئۇلىنىدۇ: «چۈنكى

ئۇ بىزنىڭ ئىناقلىقىمىزدۇر، ئۇ ئىككى تەرەپنى بىر قىلىپ ئوتتۇرىدىكى ئارا تامنى چىقىۋەتتى؛ يەنى، ئۆز ئەتلىرى ئارقىلىق ئۆچمەنلىكنى تۈگىتىپ، بەلگىلىمىلەرنى كۆرسەتكەن، ئەمرلەرنى يەتكۈزگەن قانۇننى بىكار قىلىپ، ئىككى تەرەپنى ئۆزىدە بىر يېڭى ئادەم قىلىپ ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىناقلىقنى ئاپىرىدە قىلدى» (ئەف.» 2:14، 15)

روسۇل پاۋلۇس ئەفەسۇسلۇقلارغا خۇدانىڭ مۇشۇ «تىرىك ئۆيى» توغرۇلۇق يەنە مۇنداق دەيدۇ: —

«شۇڭا شۇنىڭدىن باشلاپ سىلەر مۇساپىرلار، ياقا يۇرتتىكىلەر ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس بەندىلەرگە ۋەتەنداش بولىسىلەر، خۇدانىڭ ئۆيىدىكىلىرىدىن بولىسىلەر؛ سىلەر روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر بولغان ئۇلىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلماقتىسىلەر؛ بىنانىڭ «بۇرجەك تېشى» بولسا ئەيسا مەسىھ ئۆزىدۇر؛ ئۇنىڭدا پۈتكۈل بىنا پۇختا جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، رەبدە مۇقەددەس بىر ئىبادەتخانا بولۇشقا ئۆسۈپ بارماقتا. سىلەرمۇ قوشۇلۇپ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ بىر تۇرالغۇسى بولۇشقا روھتا بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلماقتىسىلەر» (ئەف.» 2:19-22)

## (2) «قوزۇق»

«قوزۇق» (ئىبرانىي تىلىدا «ياتەد») ـ ئۇنىڭ ئىككى خىل رولى بار: — (1) قوزۇق يەرگە قېقىلىپ، چېدىر ئۇنىڭغا باغلىنىدۇ («مىس.» 19:27، 18:35)؛ (2) چېدىر ياكى ئۆي ئىچىدىكى خادا ياكى تامغا بېكىتىلىپ، ئۇنىڭغا قىممەتلىك بۇيۇملار ئېسىلىدۇ («يەش.» 22:22، 23).

مۇشۇ يەردە شۈبھىسىزكى، ئىككىنچى رولى توغرىدۇر. كۆزدە تۇتۇلغان بېشارەت «يەش.» 22:22-24): —

«داۋۇت جەمەتىنىڭ ئاچقۇچىنى مەن ئۇنىڭ مۈرىسىدە قويىمەن؛\
ئۇ ئاچسا، ھېچكىم ئېتەلمەيدۇ،\
ئەتسە، ھېچكىم ئاچالمايدۇ.\
مەن ئۇنى مۇقىم بىر جايغا قوزۇق قىلىپ بېكىتىمەن؛

ئۇ بولسا ئاتىسىنىڭ جەمەتى ئۈچۈن شەرەپلىك ھوقۇق-تەخت بولىدۇ؛
خەلق ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسىنىڭ جەمەتىنىڭ بارلىق شۆھرەتلىرىنى يۈكلەيدۇ؛
يەنى بارلىق ئۇرۇق-نەسىللىرىنى،
بارلىق كىچىك قاچا-قۇچىلارنى،
پىيالە-جاملاردىن تارتىپ بارلىق كۆپ-ئىدىشلارغىچە ئاسىدۇ».

بۇ بىشارەت گەرچە ئېلىنئاكىم ئىسىملىك بىر كىشى توغرۇلۇق، يەنى داۋۇتنىڭ بىر ئەۋلادى توغرۇلۇق ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ داۋۇتنىڭ «بىردىنبىر ئەۋلادى» بولغان مەسىھكە ئاتالاپ ئۆتىدۇ؛ چۈنكى ئاخىر بىرىپ داۋۇتقا بېرىلگەن ۋەدىلەر پەقەت ئۇنىڭدىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. خۇددى «ۋەھ.» 3:7دە كۆرسىتىلگەندەك: «مۇقەددەس ۋە ھەقىقىي بولغۇچى، شۇنداقلا داۋۇتنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولغۇچى، ئاچسام ھېچكىم ياپالمايدۇ، ياپسام ھېچكىم ئاچالمايدۇ دېگۈچى مۇنۇ ئىشلارنى دەيدۇ...». دېمەك، «داۋۇتنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولغۇچى» دەل مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر؛ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئەمەستۇر.

ئۆيىنىڭ تېمىغا بېكىتىلگەن شۇنداق «قوزۇق»نىڭ رولى ئىككىدۇر: —

(ئا) يۈكلەر ئېسىلىشى ئۈچۈن. «يەش.» 22:25دىن پادىشاھ ئوردىسىدىكى ۋاپاسىز غوجىدار شەبنا توغرۇلۇق خەۋىرىمىز بار. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىدىغان، تەكەببۇر ئادەم ئىدى. لېكىن خۇدا ئۇنى جازالايدۇ، ئۇنىڭغا ئېسىلغان بارلىق يۈكلەر، يەنى ئوردىدىكى مەنسىپىنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتى «ئۇنىڭدىن ئۈزۈلىدۇ» ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئېلىنئاكىم دېگەن ئىشەنچلىك كىشىنىڭ بېكىتىلىشى بىلەن شۇ يۈكلەر ئۇنىڭغا ئېسىلىدۇ.

مەسىھ ھەقىقەتەن «ئىشەنچلىك قوزۇق»تۇر. ئۇ خۇدانىڭ ئۆيىدىكى بارلىق مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرەلەيدۇ؛ شۇنداقلا ئۇ بىزنىڭ يۈكلىرىمىزنى كۆتۈرەلەيدۇ؛ «بارلىق غەم-قايغۇلىرىڭلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇڭلار. چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى قىلىدۇ» دەيدۇ روسول پېترۇس («1پېت.» 5:7).

(ئە) قوزۇقنىڭ ئىككىنچى رولى «ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسىنىڭ جەمەتىنىڭ بارلىق شۆھرەتلىرىنى يۈكلەيدۇ؛ يەنى ... بارلىق كىچىك قاچا-

قۇچىلارنى، پىيالە-جاملاردىن تارتىپ بارلىق كۆپ-ئىدىشلارغىچە ئاسىدۇ». ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن ئۆيلەر ياكى چېدىرلاردا ئائىلىنىڭ بارلىق گۆھەر-بايلىقلىرى ئۆيگە كىركۈچىلەر كۆرۈپ قايىل بولسۇن دەپ، شۇنداق بىر قوزۇق ئۈستىگە ئېسىلىدۇ.

مەسىھنىڭ «خۇدانىڭ ئۆيىدە» شۇنداق ئورنى باردۇر. خۇدا ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق شان-شەرىپىنى قويغان («يۇھ.» 23:5، 5:17، «فىل.» 9:2)؛ ۋە «خۇدانىڭ ئۆيىدىكىلەر» بولغان بىزلەرنىڭ بىزگە «شەرەپ بولغان» ھەرقانداق نەرسە، بايلىق ياكى قابىلىيەتلەرنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ئېسىپ قويۇش ئىمتىيازىمىز باردۇر. بايقايمىزكى، ئۇنىڭدا «كىچىك قاچا-قۇچىلار» ئۈچۈنمۇ ئېسىلغۇدەك ئورۇن باردۇر. گەرچە بىزدە بولغان تالانت ياكى روھىي ئىلتىپاتلار ئاز بولسىمۇ، ئۇنىڭغا شۇلارنى ئېسىشىمىز بىلەن خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ياكى ھەدىيەلىرىمىزنىڭ چوڭلىقى ياكى كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا بولغان مۇددىئا-مەقسەتلىرىمىز ئەھمىيەتلىكتۇر «چۈنكى پەرۋەردىگار بىلىم-ھىدايەتكە ئىگە خۇدادۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى ئۇنىڭ تەرىپىدىن تارازىدا تارتىلىدۇ» («1سام.» 3:2).

## (3) «جەڭ ئوقياسى»

(3) «جەڭ ئوقياسى» – بارلىق شەرھچىلەر بۇ تۆت ئىبارە مەلۇم شەخسلەرنى بىلدۈرىدۇ، دېگەنگە قوشۇلىدۇ. ئەمما بىزنىڭچە تۆتىنىڭ ھەممىسى بۇ تۆت سۈپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىھنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. 3- ۋە 4-ئىبارە مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىنىڭ بىر جەھەتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ «جەڭ ئوقياسى» بولىدۇ. زەبۇردىكى 45-كۈيدە ئېيتىلغاندەك: «سېنىڭ ئوقلىرىڭ ئۆتكۈردۇر، ئۇلار پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىدۇ؛ پۈتۈن ئەللەر ئايىغىڭغا يىقىتىلىدۇ» («زەب.» 5:45).

مەسىھنىڭ «خۇدانىڭ جازاسىنى يەتكۈزگۈچى» سالاھىيىتى توغرۇلۇق كۆپ ئادەملەر ئويلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. «يەش.» 53-بابتا مەسىھنىڭ «خۇدانىڭ قوزىسى» سۈپىتىدە دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت تارتىدىغانلىقى ئايان قىلىنىدۇ،

ئەلۋەتتە، لېكىن «يەش.» 63-بابتا ئۇ باشقىچە بىر ۋەزىيەتتە، يەنى كۈچ-قۇدرەت بىلەن خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىدا كۆرۈنىدۇ: —

«بوزراھ شەھىرىدىن چىققان، ئۇستىبېشى قېنىق قىزىل رەڭلىك، ... زور كۈچ بىلەن قول سېلىپ مېڭىۋاتقان، ئېدومدىن مۇشۇ يەرگە كېلىۋاتقۇچى كىم؟».

بۇ كۆرۈنۈش مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ: «رەب ئەيسا قۇدرەتلىك پەرىشتىلىرى بىلەن ئەرشتىن قايتا كۆرۈنگەن چاغدا، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان سىلەرگە بىز بىلەن تەڭ ئاراملىق بەرسە دۇرۇس ئىش بولمامدۇ؟ ئۇ قايتىپ كەلگەندە يالقۇنلۇق ئوت بىلەن خۇدانى تونۇمايدىغانلاردىن... ئىنتىقام ئالىدۇ. ... ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مۇقەددەس بەندىلىرىدە ئۇلۇغلىنىپ، بارلىق ئىشەنگەنلەردە شۇ كۈنىدە ئاجايىپ-كارامەتلىكىنى كۆرسىتىپ مەدھىيىلەنگىلى كېلىدۇ» («2تېس.» 1:7-10).

«ئاندىن كۆردۈمكى، ئاسمان ئېچىلدى ۋە مانا، بىر ئاق ئات تۇراتتى؛ ئۇستىگە مىنگۈچىنىڭ بولسا نامى «سادىق» ۋە «ھەقىقىي» بولۇپ، ئۇ ھەققانىيلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە جەڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوت يالقۇنىغا ئوخشايتتى، بېشىدا نۇرغۇن تاجى بولۇپ، تېنىدە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر نام پۈتۈكلۈك ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا قانغا مىلەنگەن بىر تون كىيگەنىدى، ئۇنىڭ نامى «خۇدانىڭ كالامى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئەرشتىكى قوشۇنلار بولسا، ئاق ئاتلارغا مىنگەن، ئاپئاق، پاك نەپىس كاناپ لىباس بىلەن كىيدۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۆتكۈر بىر قىلىچ چىقىپ تۇراتتى؛ ئۇ بۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەللەرنى ئۇرىدۇ؛ ئۇ ئۇلارنى تۆمۈر كالتەك بىلەن پادىچىدەك باقىدۇ؛ ئۇ ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ دەھشەتلىك غەزىپىنىڭ «شاراب كۆلچىكى»نىڭ چەيلىگۈچىسىدۇر.

ئۇنىڭ تونى ۋە يوتىسى ئۇستىگە «پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ۋە رەبلەرنىڭ رەببى» دېگەن نام يېزىلغانىدى» (ۋەھ.» 19:11-16).

## (4) «ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى»

(4) «ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى» ياكى «ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى» – ئىبرانىي تىلدا «نوگەس» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ بىرنەچچە خىل تەرجىمىلىرى بار. بەزىدە ئۇ «زومىگەر»، «مۇستەبىت» دېيىلىدۇ؛ لېكىن مۇشۇ يەردە ئىجابىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، دەپ قارايمىز. بىز داۋۇت بارونىنىڭ پىكرىگە ئەگىشىپ، ئۇنى «ھاكىممۇتلەق» «ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى» ياكى «مۇتلەق ھۆكۈمدار» دەپ تەرجىمە قىلىمىز.

مەسىھنىڭ يەر يۈزىدە بولغان سەلتەنىتى خۇدانىڭ مۇتلەق ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە مۇتلەق بولىدۇ؛ ئۇنىڭ پۈتۈنلەي پاك-مۇقەددەس ۋە ھەققانىي، چەكسىز پەم-پاراسەتلىك ۋە كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى بەزىلىرىمىزگە سۈرلۈك تۇيۇلىدۇ، لېكىن بىز ئۇنىڭ يەنە پۈتۈنلەي كۆيۈمچان ۋە رەھىمدىل، «ماھىيىتى مېھىر-مۇھەببەت» ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. سەلتەنىتى رەزىللەرگە دەھشەتلىك، ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلارغا تەسەللى، خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق بولىدۇ.

شۇڭا «نوگەس» دېگەن سۆز بەلكىم بىرىنچىدىن مەسىھنىڭ خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىگە قاراتقان خاراكتېرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ زەبۇردا ۋە «ۋەھىي»دە دېيىلگەندەك ئۇ «ئەللەرنى تۆمۈر ھاسا بىلەن باشقۇرىدۇ».

«ئەمدى، ھەي پادىشاھلار، ئەقىلدار بولۇڭلار!
جاھاندىكى سوراقچىلار ساۋاق ئېلىڭلار؛
پەرۋەردىگاردىن قورقۇش بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار؛
تىترەك ئىچىدە خۇشاللىنىڭلار!
ئوغۇلنىڭ غەزىپىنىڭ قوزغالماسلىقى ئۈچۈن،
ئۇنى سۆيۈپ قويۇڭلار؛
چۈنكى ئۇنىڭ غەزىپى سەللا قايىنسا،
يولۇڭلاردىلا ھالاك بولىسىلەر؛
ئۇنىڭغا تايانغانلار نەقەدەر بەختلىكتۇر!» (زەبۇر» 2-كۈيدىن).

5-ئايەت يەنە مەسىھنىڭ ئۆز پادىسى ئىسرائىلنى «يوقلاپ كەلگەن»دىن كېيىن ئۇلاردا بولغان چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسۋىرىنىڭ داۋامىدۇر: ــ

«شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەڭدە، دۈشمەنلەرنى كوچىلاردىكى پاتقاقنى دەسسىگەندەك چەيلەيدىغان پالۋانلاردەك بولىدۇ؛ ئۇلار جەڭ قىلىدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلار بىلەن بىللىدۇر؛ ئۇلار ئاتلىق ئەسكەرلەرنىمۇ يەرگە قارىتىپ قويىدۇ».

«كوچىلاردىكى پاتقاقنى دەسسىگەندەك چەيلەيدىغان پالۋانلاردەك» دېگەن سۆز ئىلگىرىكى «ئۇلار سالغا تاشلىرىنى كۈكۈم قىلىپ، دەسسەپ چەيلەيدۇ» دېيىلگەن سۆزنى (15:9) ئېسىمىزگە كەلتۈرىدۇ. ئۇشبۇ ئىككى ئايەت ئىسرائىلنىڭ خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىنى يېڭىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 5-ئايەتتىكى بۇ سۆز يەنە «ئىلگىرىكى بىر پەيغەمبەر»، يەنى مىكاھنىڭ بىر سۆزىنى كىشىنىڭ ئېسىگە كەلتۈرىدۇ: «مېنىڭ كۆزۈم ئۇنىڭ (دۈشمىنىمنىڭ) ئۇستىدىن بولغان غەلىبىنى كۆرىدۇ؛ ئۇ كوچىدىكى پاتقاقتەك دەسسەپ چەيلىنىدۇ» («مىك.» 10:7).

بۇ ئىش ئىسرائىلنىڭ ئۆز كۈچىدىن بولمايدۇ، بەلكى «چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلار بىلەن بىللىدۇر»؛ ۋە شۇڭا ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ سەرخىل كۈچلىرىگە، يەنى «ئاتلىق ئەسكەرلىرى»گە تاقابىل تۇرالايدۇ.

شۇ كۈنى ئىسرائىل زەبۇرنىڭ مۇئەللىپى بىلەن تەڭ: ــ

«بەزىلەر جەڭ هارۋىلىرىغا، بەزىلەر ئاتلارغا تايىنىدۇ؛
بىراق بىز بولساق پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ نامىنى ياد ئېتىمىز؛
ئۇلار تىزى پۈكلىنىپ يىقىلدى؛ بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، تىك تۇرىمىز» دەپ ئېيتىدۇ («زەب.» 7:20).

پەرۋەردىگار شۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل ئۈچۈن كۆرسەتكەن نۇسرەت بارلىق قوۋمگە ئورتاق بولىدۇ. زەكەرىياغا تاپشۇرۇلغان بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىسرائىلنىڭ، يەنى «ئىسرائىل جەمەتى» (ياكى «يۈسۈپنىڭ جەمەتى») بىلەن «يەھۇدا جەمەتى» ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەتخورلۇقنى يوقىتىپ، قايتىدىن بىر قىلىنىپ بىر قوۋم بولىدىغانلىقى ئېنىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ ۋە تەكىتلىنىدۇ: ــ

«مەن يەھۇدا جەمەتىنى كۈچەيتىمەن، يۈسۈپنىڭ جەمەتىنى قۇتقۇزىمەن؛ مەن ئۇلارنى قايتىدىن ئولتۇراقلاشتۇرىمەن؛ چۈنكى مەن ئۇلارغا رەھىم-شەپقەتنى كۆرسىتىمەن. ئۇلار مەن ھېچقاچان تاشلىۋەتمىگەندەك بولىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارمەن؛ مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىمەن» (6-ئايەت).

«مەن ئۇلارنى قايتىدىن ئولتۇراقلاشتۇرىمەن» دېگەن سۆز يەنىلا «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ ئىككى سۆزىنى كىشىنىڭ ئېسىگە كەلتۈرىدۇ: — «... مەن ئۇلارنى قايتىدىن مۇشۇ يەرگە ئېپكېلىمەن، ئۇلارنى ئامان-تىنچلىقتا تۇرغۇزىمەن» («يەر.» 37:32) ۋە «... مەن ئۆتكەن زامانلاردىكىدەك سىلەرنى (قانائاندىكى تاغلارنى) ئولتۇراقلىق قىلىمەن؛ شۇنداق، ھالىڭلارنى ئەسلىدىكىدىن ئەۋزەل قىلىمەن..» («ئەز.» 11:36).

بۇ بارلىق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئىسرائىلنىڭ قانداقتۇر بىرەر ھەققانىيلىقى ئۈچۈن ياكى شۇنىڭغا لايىق بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت «چۈنكى ئۇ ئۇلارغا رەھىم-شەپقەتنى كۆرسىتىدۇ». ئىسرائىلنىڭ بىرىنچى قېتىم قانائان زېمىنىغا ئىگە بولۇشى توغرۇلۇق زەبۇرنىڭ مۇئەللىپى بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: —

«چۈنكى بۇلار ئۆز قىلىچى بىلەن ئالغىنى يوق، ئۆز بىلىكى بىلەن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغىنىمۇ يوق؛
بۇ بەلكى سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ، سېنىڭ بىلىكىڭ ۋە جامالىڭنىڭ نۇرىنىڭ نەتىجىسىدۇر؛ چۈنكى سەن ئۇلاردىن خۇرسەنلىك ئالدىڭ»
(«زەب.» 3:44).

7-ئايەتتە مەخسۇس ئەفرائىمنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقى ئالاھىدە بايان قىلىنىدۇ: «ئەفرائىمدىكىلەر پالۋاندەك بولىدۇ، كۆڭۈللىرى شاراب كەيپىنى سۈرگەنلەردەك خۇشاللىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ باللىرى بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ كۆڭلى پەرۋەردىگاردىن شادلىنىدۇ».

بۇ خۇدا ئەسلىدە يەھۇداغا 15:9 ۋە 5:10دە قىلغان ۋەدىسىنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنىڭ قايتىلىنىشىدۇر. پەلەستىنگە قايتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدا،

بىنيامىن ۋە لاۋىي قەبىلىلىرىدىن ئىدى. ئەفرائىم، شۈبھىسىزكى، مۇشۇ ئايەتتە ئىسرائىلنىڭ «شىمالىي پادىشاھلىق»ىدىكى ئون قەبىلىگە ۋەكىل بولىدۇ. بۇ ئون قەبىلە يەھۇدالارنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشىدىن ئىلگىرىلا ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغانىدى؛ شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخى يىراق-يىراقلاردا تارقالما ھالەتتە ئىدى. شۇڭا بۇ بېشارەت ئۇلارنى ئالاھىدە رىغبەتلەش ئۈچۈن بېرىلدى. «ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى شاراب كەيپىنى سۈرگەنلەردەك خۇشاللىنىدۇ» ــ شارابتىن ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھتىن، ئەلۋەتتە: «ھاراق-شاراب ئىچىپ مەست بولماڭلار؛ شۇنداق قىلىق ئادەمنى شاللاقلاشتۇرىدۇ؛ بۇنىڭ ئورنىغا مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلغۇچى بولۇڭلار» (ئەفەسۇسلۇقلار» 5:18).

بۇ خۇشاللىق ۋاقىتلىق بىر ھادىسە بولمايدۇ، بەلكى: «ئۇلارنىڭ بالىلىرى بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ كۆڭلى پەرۋەردىگاردىن شادلىنىدۇ».

ھازىر پەيغەمبەر قايتىدىن پۈتكۈل قوۋم توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ: ــ

(8-ئايەت) «مەن ئۈشقىرتىپ، ئۇلارنى يىغىمەن؛ چۈنكى مەن ئۇلارنى بەدەل تۆلەپ ھۆرلۈككە چىقىرىمەن؛ ئۇلار ئىلگىرى كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆپىيىدۇ».

بۇگۈنگە قەدەر ئوتتۇرا شەرقتىكى پادىچىلار ئۆز پادىسىنى يىغىشى ئۈچۈن ئۈشقىرتىدۇ ياكى نەي چالىدۇ. «ھاك.» 16:5دە: «سەن نېمىشقا ... قويلارغا چېلىنغان نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى خالاپ قالدىڭ؟ رۇبەننىڭ ئائىلە-جەمەتلىرىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا شۇنچە ئۇلۇغ نىيەتلەر قەلبلىرىگە پۈكۈلگەنىدى!» دېيىلىدۇ («يەش.» 26:5، 7:27، 18، 19دە خۇدا ئىسرائىلنى جازالاش ئۈچۈن ئوخشاش يولدا ئىسرائىلنىڭ دۈشمەنلىرىنى چاقىرىدۇ).

ئاندىن: «(ئىسرائىل) ئۆتكەندە كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆپىيىدۇ».
ئىسرائىل مىسىردا بولغاندا «ئىسرائىللار كۆپ تۇغۇلۇپ (مىسىرلىقلار ئۇلارنى خارلىغىنى بىلەن)، تېز ئاۋۇپ، ئىنتايىن كۈچەيدى؛ ئۇلار زېمىنغا بىر كەلدى» دېيىلىدۇ («مىس.» 7:1). شۇ چاغدا گەرچە پىرەۋن ئۇلارنى يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، «ئۇلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى». «ئۆتكەندە كۆپىيىپ كەتكەندەك» دېگەن سۆزلەر دەل مۇشۇ ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭدەك بۇ خىل كۆپىيىش ئىسرائىل ئەللەر ئارىسىدا تارقىتىلغان ۋاقىتىدىمۇ بولىدۇ: «مەن ئۇلارنى ئەللەر ئارىسىدا ئۇرۇقتەك چاچىمەن؛ ئاندىن ئۇلار مېنى يىراق جايلاردا ئەسلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىلىرى بىلەن ھايات قېلىپ، قايتىپ كېلىدۇ» (9-ئايەت). بۇ يەنە ئىككى «بۇرۇنقى پەيغەمبەر»نىڭ سۆزىنى ئېسىمىزگە كەلتۈرىدۇ: ــ

«ۋە مەن ئۆزۈم ئۇچۇن ئۇنى زېمىندا تېرىيمەن؛ مەن «لو-رۇھاماھ»غا (مەنىسى «رەھىم قىلىنمىغان») رەھىم قىلىمەن؛ مەن «لو-ئاممى»غا (مەنىسى «مېنىڭ خەلقىم ئەمەسلەر»): «مېنىڭ خەلقىم!» دەيمەن؛ ۋە ئۇلار مېنى: «مېنىڭ خۇدايىم!» ــ دەيدۇ» («ھوش.» 23:2)

ۋە «مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن ئىسرائىل جەمەتىدە ۋە يەھۇدا جەمەتىدە ئىنسان نەسلىنى ۋە ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى تېرىپ ئۆستۈرىمەن» («يەر.» 27:31).

يەھۇدىي خەلقى ئەللەر ئارىسىدا تارقىتىلغان ۋاقىتلاردا (ئاساسەن ئىككى مىڭ ئالتە يۈز يىل جەريانىدا) ئۇلارنىڭ سانلىرى ھەرخىل قىرغىن-چاپقۇن ۋە زالىملىق تۈپەيلىدىن بىرنەچچە قېتىم مىليوندىن تۆۋەن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر پۈتكۈل دۇنيادا يەھۇدىيلارنىڭ سانى بەلكىم يىگىرمە مىليون بولۇشى مۇمكىن.

ئىسرائىل «مېنى يىراق جايلاردا ئەسلەيدۇ» دېگەن سۆزلەر ئەزاكىيال پەيغەمبەرنىڭ: «ۋە سىلەردىن قېلىپ قېچىپ قۇتۇلۇپ قالغانلار سۈرگۈن قىلىنغان مەملىكەتلەردە مەندىن يانغان ۋاپاسىز قەلبلىرى ۋە بۇتلىرىغا پاھىشىۋازلاردەك ھەۋەس قىلغان كۆزلىرى بىلەن باغرىمنى پارە-پارە قىلغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلغان رەزىللىكلىرى ھەم يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز-ئۆزلىرىدىن نەپرەتلىنىدۇ» دېگىنىنى بىزگە ئەسلىتىدۇ («ئەز.» 9:6). بۇ ئىش تېخى بولمىدى؛ ئىسرائىل يەنىلا جاھىللىق بىلەن خۇدانىڭ نىجاتىنى تېخى قوبۇل قىلمىدى.

9-ئايەتتىكى بېشارەتنىڭ: «شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىلىرى بىلەن ھايات قېلىپ، قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن كېيىنكى سۆزلىرى ئەزاكىيالنىڭ باشقا بىر بېشارىتىنى ئەسلىتىدۇ: «مانا، مەن گۆرۈڭلارنى ئېچىپ، سىلەرنى

گۆرۈكلاردىن چىقىرىمەن، ئى مېنىڭ خەلقىم، ... مەن ئۆز روھىمنى سىلەرگە كىرگۈزىمەن، سىلەر ھايات بولىسىلەر، سىلەر مەنكى پەرۋەردىگارنى شۇنداق سۆزنى قىلىپ، شۇنى ئادا قىلدى، دەپ بىلىپ يېتىسىلەر» («ئەز.» 37:11-14).

باشقا نۇرغۇن بېشارەتلەردە، ئىسرائىل ئېتىقادسىز ھالدا ئۆز زېمىنىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن ئاندىن تولۇق قىلىشى بىلەن روھىي ھاياتقا ئېرىشىدۇ، دېيىلىدۇ. «ئەزاكىيال»دىكى شۇ بېشارەتتە بولسا، بۇ ئىش ئىسرائىللارنىڭ يىراق يۇرتلاردا تېخىچە تارقالما ھالەتتە تۇرغىنىدا يۈز بېرىدۇ، دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭچە بۇ ئىككى ئىش تەڭ يۈز بېرىدۇ؛ ئىسرائىل ئېتىقادسىز ھالدا ئۆز زېمىنىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندە، چوڭ بىر قىسمى تارقىتىلغان يەرلەردە قالغۇچى يىرىدۇ؛ دېمەك، قالغانلىرى بىلەن قايتىپ كەلگەنلىرى تەڭ تولۇق قىلىدۇ.

10-ئايەتتە ئىسرائىلنىڭ تارقىتىلغان يەرلەردىن قايتۇرۇپ كېلىنىشى توغرۇلۇق بىرقەدەر تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ: «مەن ئۇلارنى قايتىدىن مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ كېلىمەن، ئاسۇرىيەدىنمۇ چىقىرىپ يىغىمەن؛ ئۇلارنى گىلېئاد ۋە لىۋان زېمىنىغا ئېلىپ كىرگۈزىمەن؛ يەر-زېمىن ئۇلارنى پاتقۇزالماي قالىدۇ».

بۇ سۆز يەنە «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ بېشارەتلىرىنى خۇلاسىلىغىنى بولىدۇ. مەسىلەن: «شۇ كۈنى رەب ئىككىنچى قېتىم ئۆز خەلقىنىڭ «قالدى»سىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، يەنى ئاسۇرىيە، مىسىر، پاتروس، كۇش، ئېلام، شىنار، خامات ۋە دېڭىزدىكى يىراق ئاراللاردىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز قولىنى يەنە ئۇزارتىدۇ. ئۇ ئەللەرنى چاقىرىش ئۈچۈن بىر تۇغ كۆتۈرىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ ئۇ يەر يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىدىن ئىسرائىلنىڭ غېرىبلىرىنى جەم قىلىپ، يەھۇدادىن تارقىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىدۇ» («يەش.» 11:11-12).

قايتقاندا پەرۋەردىگار «ئۇلارنى گىلېئاد ۋە لىۋان زېمىنىغا ئېلىپ كىرگۈزىمەن» دەيدۇ ــ گىلېئاد ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە، لىۋان ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغىنى بىلەن: «يەر-زېمىن ئۇلارنى پاتقۇزالماي قالىدۇ». بۇ سۆز يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئىككى بېشارىتىنى خۇلاسىلىغىنى بولىدۇ: ــ

«سىنىڭدىن جۇدا قىلىنغان باللىرىڭ بولسا ساڭا: ــ «مۇشۇ جاي مېنىڭ تۇرۇشۇمغا بەك تارچىلىق قىلىدۇ؛ ماڭا تۇرغۇدەك بىر جاينى بوشىتىپ بەرسەڭ!» ــ دەيدۇ؛ سەن كۆڭلۈڭدە: ـ «مەن باللىرىمدىن ئايرىلىپ قالغان، غېرىب-مۇساپىر ۋە سۈرگۈن بولۇپ، ئۇيان-بۇيان ھەيدىۋېتىلگەن تۇرسام، كىم مۇشۇلارنى ماڭا تۇغۇپ بەردى؟ كىم ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلدى؟ مانا، مەن غېرىب-يالغۇز قالدۇرۇلغانمەن؛ ئەمدى مۇشۇلار زادى نەدىن كەلگەندۇ؟» ــ دەيسەن» («يەش.» 49:20-21).

«ــ تەنتەنە قىل، ئى پەرزەنت كۆرمىگەن تۇغماس ئايال!
ناخشىلارنى ياڭرات، شادلىنىپ توۋلا، ئى تولغاق تۇتۇپ باقمىغان!
ـ چۈنكى غېرىب ئايالنىڭ باللىرى ئېرى بار ئايالنىڭكىدىن كۆپتۇر!»
(«يەش.» 1:54).

ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خۇدا ئۇلارنى «قىزىل دېڭىز»دىن ئۆتكۈزۈپ نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى. خۇدا ئىسرائىلنى دۇنيانىڭ چەت-چەتلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قايتقۇزغاندا ئوخشاشلا ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ: ــ

(11-ئايەتنىڭ داۋامى) «ئۇ» (يەنى خۇدا، ئىسرائىلنى دەپ) «شۇنداق قىلىپ، جەبىر-جاپا دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، دېڭىزدىكى دولقۇنلارنى ئۇرىدۇ؛ نىل دەرياسىنىڭ تەگلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ» (خۇدا ئىئوردان دەرياسىنى ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا قۇرۇتقاندەك) ــ «ئاسۇرىيەنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە پەخرى پەسكويغا چۈشۈرۈلىدۇ» (ئاسۇرىيە ئىسرائىلنىڭ شىمالىي دۈشمەنلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ) «مىسىردىكى شاھانە ھاسىمۇ يوقىلىدۇ» (مىسىر ئىسرائىلنىڭ جەنۇبىي دۈشمەنلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ). بۇ بېشارەت ئىلگىرىكى بىرنەچچە بېشارەتلەرنى خۇلاسىلايدۇ: «سەن مىسىر زېمىنىدىن چىققان كۈنلەردە بولغاندەك، مەن ئۇلارغا كارامەت ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىمەن» («مىك.» 7:15).

«دېڭىزنى، دەھشەتلىك ھاڭلاردىكى سۇلارنى قۇرۇتقۇچى،
دېڭىزنىڭ تەگلىرىنى سەن ھەمجەمەتلىك قىلىپ قۇتقۇزغانلارنىڭ
ئۆتۈش يولى قىلغان ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟» ــ «يەش.» 43:19، 51:9-11نى كۆرۈڭ.

10-باب ئاخىرقى ئايەتتىكى: «مەن ئۇلارنى پەرۋەردىگار ئارقىلىق كۈچەيتىمەن؛ئۇلار ئۇنىڭ نامىدا ماڭىدۇ،دەيدۇ پەرۋەردىگار» دېگەن بېشارەت، شۈبھىسىزكى يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئاخىرقى زامانلاردا قايتىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ۋەكىللىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مۇقەددەس روھتىن كۈچلەندۈرۈلۈشى بىلەن: «ئۆز خۇداسىنى دوست تۇتقۇچى خەلق بولسا غەيرەت تېپىپ ھەرىكەت قىلىدۇ» («دان.» 32:11)؛ «سىلەر بولساڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ كاھىنلىرى دەپ ئاتىلىسىلەر؛ سىلەر توغراڭلاردا: «ئۇلار خۇدايىمىزنىڭ خىزمەتكارلىرى» دېيىلىدۇ» («يەش.» 6:56، 6:61نى كۆرۈڭ).

## 11-باب - خۇدانىڭ پادىسى ياخشى پادىچىنى، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنى رەت قىلىدۇ، زۇلمەت ئۇلارنى باسىدۇ

9-10-بابلاردا ئىسرائىلغا ۋەدە قىلىنغان چەكسىز بەخت-بەرىكەتلەرنى كۆرىمىز، 11-بابتا تۈيۈقسىز ئادەمنى قاتتىق چۆچۈتىدىغان نومۇسسىز ئىشەنچسىزلىك، ئۆز بېشىمچىلىق ۋە ۋاپاسىزلىقنى كۆرىمىز؛ بۇ گۇناھلار بولسا ئەللەرنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىسرائىلنىڭ گۇناھىدۇر!

خۇدا ئۆز خەلقىگە قانداق سۆز قىلىشنى بىلىدۇ؛ شۇڭا ئىسرائىلنى (بولۇپمۇ ئۆزىگە ۋاپادار بولغان «قالدى»سىنى) كەلگۈسى شان-شەرەپ توغرۇلۇق رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارغا «شۇ چاغ»نىڭ ۋە «ھازىر»نىڭ ئارىلىقىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خۇداغا تەشەككۈر، بارلىق گۇناھلار، شۇنداقلا گۇناھنىڭ بارلىق چوڭقۇر تەگلىرىگە نىجاتلىق باردۇر. لېكىن گۇناھتىن ھەقىقىي قۇتقۇزۇلۇشىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆز قەلبىمىزدە ياتقان ئۆز گۇناھىمىزنىڭ دەھشەتلىك رېئاللىقىغا يۈزلەنمىسەك ھېچقانداق نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيمىز. مانا، بۇ بابنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن، شۇنداقلا بىز ئۈچۈن بولغان ئەھمىيىتىدۇر.

بېشارەت خۇدانىڭ بىر ھۆكۈم-جازاسى توغرۇلۇق تۈيۈقسىز ئېلان قىلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ: —

«ئى لىۋان، ئوت سېنىڭ كېدىر دەرەخلىرىڭنى يەپ كېتىشى ئۈچۈن، دەرۋازىلىرىڭنى ئاچ!».

«دەرۋازىلار»نىڭ تىلغا ئېلىنىشى مەلۇم بىر بىنانى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن قايسى بىنا؟ پەلەستىندە «كېدىر ياغىچى» بىلەن بېزەلگەن بىردىنبىر بىنا خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسى ئىدى. چۈنكى پارس ئىمپېراتورى قورەش يەھۇدىي خەلقىگە ئىبادەتخانىنى سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن بايلىقلارنى بېغىشلىغانىدى. ئۇلار شۇلار ئارقىلىق لىۋاندىن كۆپ كېدىر ياغىچىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى («ئەزرا» 3:7، 6:4). كېيىن بۇ ياغاچلاردىن بەزىلىرى «يوقىلىپ»، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە «پەيدا بولدى» — («هاگ.» 1:4). شۇڭا زەكەرىيانىڭ زامانىدىشى هاگاي پەيغەمبەر ئىبادەتخانىنى قۇرۇش ئۈچۈن خەلققە ياغاچ ئېلىپ كېلىشكە «تاغلارغا چىقىڭلار» دېگەنىدى («هاگ.» 1:8). شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئالغان ياغاچلارنىڭ كۆپىنچىسى لىۋان تاغلىقىدىكى كېدىر ۋە قارىغاي دەرەخلىرىدىن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىبادەتخانا «زىئون تېغى»نىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان، شۇنداقلا كۆپ كېدىر ياغاچلىرى بىلەن بېزەلگىنى ئۈچۈن، ئۇنى «لىۋان»غا ياكى «لىۋان تاغلىق ئورمىنى»غا ئوخشاتقىلى بولاتتى.

شۇڭا، يىغلا سېلىنغان ئىبادەتخانىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلىدىغان كۈنى 1-ئايەتتە ئايان قىلىنىدۇ. نېمىدېگەن ساراسىمىلىك بېشارەت-ھە!

2-ئايەت: — «ۋايساڭلار، ئى قارىغايلار، چۈنكى كېدىر يىقىلدى، ئېسىل دەرەخلەر ۋەيران قىلىنىدى؛ ۋايساڭلار، ئى باشاندىكى دۇب دەرەخلىرى، چۈنكى باراقسان ئورمان يىقىتىلدى!»

ئوخشىتىش شۇكى، خۇدا جازاسىنى يۈرگۈزگىنىدە ئۆز ئۆيىنى شۇنداق قىلغان يەردە، ئاددىي پۇقرالار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى قانداق بولار؟ («لۇقا» 23:31، «ئەز.» 17:3، «يەش.» 14:8، «يەر.» 22:6-7نى كۆرۈڭ).

3-ئايەت: — «پادىچىلارنىڭ ۋايسىغان ئاۋازىنى ئاڭلا! چۈنكى ئۇلارنىڭ شەرىپى بولغان چىمەن-يايلاق ۋەيران قىلىنىدى؛ ئارسلانلارنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلا! چۈنكى ئىئوردان دەرياسىنىڭ پەخرى بولغان بۈك-باراقسانلىقى ۋەيران قىلىنىدى!».

ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىدىكى باراقسان ئۆسكەن دەل-دەرەخلەر ۋە گۈل-گىياھلار «ئىئوردانىڭ پەخرى» دەپ ئاتىلاتتى. شۇ يەردە نۇرغۇن يىرتقۇچ هايۋانلار، جۈملىدىن شىرلار يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ چارۋىلارنى ئوۋلايتتى. شۇڭا

تاجاۋۇزچى قوشۇن ھازىر پەلەستىننىڭ شىمالى («باشان»)دىن جەنۇبىغا كەلگەن بولسا كېرەك؛ ئۇلار يەھۇدانىڭ يايلاقلىرىغا (پادىچىلارنىڭ شەرىپى ۋە «ئىئوردانىنىڭ پەخرى»گە يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى ۋەيران قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «پادىچىلار» يايلاقتىن مەھرۇم بولۇپ نەپكە ئېرىشەلمەيدۇ (ئۇلار، يەنى خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە خەلقنىڭ يېتەكچىلىرى كېيىن «كۆيۈمسىز پادىچىلار» دەپ ئەيىبلىنىدۇ) ھەم «شىرلار» (بەلكىم خەلق ئارىسىدىكى قانۇنغا ئوچۇق-ئاشكارە بويسۇنمايدىغان ئوغرى قاتارلىقلار)نىڭمۇ ھېچقانداق يوشۇرۇنغۇدەك يېرى قالمايدۇ.

گەرچە بىز بۇ يەردە شۇ ئايەتلەرنى كۆچمە مەنىدە شەرھلىگەن بولساقمۇ، ئۇلار يەنە سۆزمۇسۆز مەنىدىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. پەلەستىن يات قوشۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاچقا ۋە زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ پەرۋىشى ناچار بولغاچقا: — (ئا) لىۋاننىڭ ئەسلىدىكى يوغان ئورمانلىرىدىن پەقەت ئىز-قالدۇقلارلا قالدى؛ (ئە) باشاندىكى دۇب دەرەخلىرى يوقاپ كەتتى؛ (ب) ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى باراقسان جاڭگال ئاساسەن يوقالدى.

4-14-ئايەتلەردە پەيغەمبەر 1-3-ئايەتتە كۆرستىلگەن جازانىڭ سەۋەبلىرى ۋە تەپسىلاتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

بىز ئاۋۋال مۇشۇ بېشارەتنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە ئېيتايلى:—

ئىسرائىل «بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالىنىڭ سەۋەبى ئېنىق قىلىنىدۇ؛ خۇدا ئەسلىدە ئىسرائىللارغا «باققۇچى» ياكى «پادىچى» بولۇشقا بېكىتكەن ئادەملەر ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلمىدى. شۇڭا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ۋە خۇدانىڭ ئورنىدا ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى بولۇپ «بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادا»نى بېقىش ۋە قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئەسلىدە قۇتقۇزماقچى بولغان «پادا»نىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ «پادىچىلىقى»نى رەت قىلىدۇ. ئامالسىزلىقتىن «پادىچى»نىڭ ئۆز مەنسىپىنى تاشلاپ، ئۇلارنى مۇتلەق ھالاكەتكە يول قويۇشتىن باشقا يولى قالمايدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ شۈكۈرسىزلىكى ۋە ۋاپاسىزلىقىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن پادىچى ئۇلاردىن تېگىشلىك ئىش ھەققىنى سورايدۇ. ئۇنى مازاق قىلىش يولىدا ئۇلار ئۇنىڭغا ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە سۇنىدۇ. ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە مۇقەددەس قانۇن

بويىچە تاسادىپىيلىقتىن ئۆلتۈرۈلگەن بىر قۇلنىڭ تۆلەم باھاسى ئىدى («مىس.»
32:21). بۇ پۇلنى پەيغەمبەر «مانا، بۇ ئۇلار ماڭا بېكىتكەن قالتىس باھا!»،
«مازاق باھا» دەپ قاراپ، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئىبادەتخانىدا بارلىق پۇقرالار
ئالدىدا ساپالچىنىڭ ئالدىغا چۆرۈۋېتىدۇ؛ ئاندىن ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
بىلدۈرىدىغان ئەك ئاخىرقى بەلگىسىنى، يەنى تايىقنى سۇندۇرۇپ تاشلايدۇ.

تۆۋەندە بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتلىرىنى كۆپرەك شەرھلەيمىز، لېكىن شۇنىڭدىن ئاۋۋال
بېشارەت توغرۇلۇق ئومۇمىي جەھەتتىن يەنە ئازراق توختىلىش كېرەك: ــ

(ئا) يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، پەيغەمبەر بۇ «بېشارەتلىك كۆرۈنۈش»تە بولسۇن
ياكى «بېشارەتلىك ھەرىكەتلەر»دە بولسۇن ئىنتايىن ئالاھىدە بىر يولدا خۇدانىڭ
ۋەكىلى بولىدۇ، دەپ قايتىلىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەرنىڭ خۇدانىڭ ۋەكىلى
بولغانلىقى تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئېنىق كۆرۈنىدۇ: «مەن بىر ئاي ئىچىدە ئۈچ
پادىچىنى ھالاك قىلدىم» (8-ئايەت) «مېنىڭ بارلىق ئەللەر بىلەن بولغان
ئەھدەمنى سۇندۇرۇۋەتتىم» (10-ئايەت)؛ مۇشۇنداق ئىشلارنى زەكەرىيا ياكى
ھېچقانداق پەيغەمبەر ئۆزى قىلالمايتتى، پەقەت خۇدا ئۆزى قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭا شۇ خۇلاسىغا كېلىمىزكى، بۇ ئىشلاردا پەيغەمبەر پەقەت «خۇدانىڭ ۋەكىلى
سۈپىتىدە» سۆزلەيدۇ. ئۇ بۇلاردا مەسىھنىڭ ۋەكىلى (ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ
پەرىشتىسى»نىڭ ۋەكىلى) بولۇشى ياكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىگە ۋەكىل بولۇشى
ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر ئىشتۇر؛ چۈنكى تەۋراتتا كۆرگىنىمىزدەك، كۆپ يەرلەردە
مەسىھنىڭ كېلىشىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ كېلىشىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئايان
قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئەزاكىيال» 34-بابتا پەرۋەردىگار ئىسرائىلنىڭ «ساختا
پادىچىلىرى»نىڭ ئورنىغا مەن ئۆزۈم كېلىپ سىلەرنى باقىمەن، دەيدۇ. ئۇ ئۆزى
كېلىپ ئىسرائىللارنى ئىزدەيدۇ، قۇتقۇزىدۇ، كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ساقايتىدۇ، دېيىلىدۇ.
بىراق ئۇشبۇ بابنى ئوقۇغانسېرى بۇ ئىشلارنى قىلغۇچى پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھدىن
ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، پەرۋەردىگار بۇلارنى ئۇ ئارقىلىق ۋاستىلىك قىلغانلىقىنى
كۆرىمىز: «مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر پادىچى، يەنى قۇلۇم داۋۇتنى
تىكلەيمەن؛ ئۇ ئۇلارنى بېقىپ، ئۇلارغا پادىچى بولىدۇ». مۇشۇ يەردە،
شۈبھىسىزكى، «مېنىڭ قۇلۇم داۋۇت» ھەقىقىي داۋۇت، يەنى مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

خۇدانىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىدە ۋە ئۇلارغا بولغان بارلىق

مۇئامىلىسىدە، مەيلى رەھىم كۆرسىتىشتە بولسۇن، جازالاشتا بولسۇن، ئۇنى ئۇ دائىم مەسىھ ئارقىلىق بېجىرىدۇ.

(ئە) بېشارەتتە كۆرسىتىلگەن ۋاقىت زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن كېيىن بولسا كېرەك؛ چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بېشارەت بويىچە ئىبادەتخانا ۋەيران قىلىنىدۇ.

بېشارەت تەپسىلاتلىرىغا قارىغاندا، كۆرسىتىلگەن ئەھۋاللار دەل ئىبادەتخانىنىڭ رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن مىلادىيە 70-يىلىدا ۋەيران قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئىشلار، يەنى يەھۇدىي خەلقى تارقىتىۋېتىلىشتىن ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى.

(ب) پەيغەمبەر بۇ ئىشلارنى خالايىق ئالدىدا كۆرسەتكەنمۇ، ياكى كۆرۈنۈشتە ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەنمۇ؟

ئىبادەتخانىنىڭ يېنىدا قۇربانلىققا لايىق بولغان بىر پادا بېقىلىۋاتقان، بۇلار «بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادا» دەپ ئاتالغان دەپ قارايلى. بېشارەتتىكى ئىشلار پەيغەمبەر بىلەن پادا ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ؛ ئۇ ئىككى تاياقنى ئېلىپ، ئۇلارنى پادىچىنىڭ قورالى قىلىپ ئىشلىتىدۇ؛ ئۇ ئۇلارنىڭ بىرىگە «شاپائەت»، يەنە بىرىگە «رىشتە» پۈتتۈم، دەيدۇ؛ ئۇ خەلقتىن «ئىش ھەققى»نى سورايدۇ ۋە شۇ «ھەققى»نى ئىبادەتخانىدا ساپالچىنىڭ ئالدىغا چۆرۈيدۇ، ئاخىرىدا خەلق ئالدىدا ئىككى تايىقىنى سۇندۇرىدۇ. بېشارەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇ تەرىقىدە خالايىق ئالدىدا كۆرسىتىلىدۇ. گەرچە بېشارەتتىكى ئىشلار شۇ تەرىقىدە خالايىققا كۆرسىتىلگەنمۇ دەيلۇق، لېكىن پەيغەمبەر قانداق يول بىلەن 8-ئايەتتىكى «مەن بىر ئاي ئىچىدە ئۈچ پادىچىنى ھالاك قىلدىم» دېگەننى «خەلق ئالدىدا» كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاگاي ۋە زەكەرىيا پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇ كۈنلىرىدە خالايىق خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا قۇلاق سېلىپ ئىنتايىن ئىتائەتمەن بولغان، دېيىلىدۇ («ھاگ.» 14:1، «ئەزرا» 5:1، 5-6-بابلار). خەلق زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ بېشارەتنى شۇنداق ئىپادىلىگىنىنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا رەسۋاچىلىق قىلىپ «ئوتتۇز تەڭگە» بېرىدىغىنىغا ئىشەنگۈمىز كەلمەيدۇ. شۇڭا بىز بېشارەتنى چۈشەندۈرىدىغان ئىككىنچى كۆزقاراشقا مايىلمىز؛ دېمەك، زەكەرىيا پەيغەمبەر بىر غايىبانە كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، شۇ غايىبانە كۆرۈنۈشتە ئۆزىنىڭ شۇ بېشارەتتە خاتىرىلەنگەن ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن.

باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرنەچچە بېشارەتلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ زەكەرىياغا ئوخشاش پەقەت خۇدالا قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆزى قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ مەسىلەن، خۇدا يەشايا پەيغەمبەرگە «مۇشۇ خەلقنىڭ يۈرىكىنى تاش، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلغىن» دەپ بۇيرۇيدۇ («يەش.» 10:6؛ يەرەمىيا پەيغەمبەرگە: «مەن سېنى يۇلۇش، سۆكۈش، هالاك قىلىش ۋە ئۆرۈش، قۇرۇش ۋە تىرىپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەللەر ۋە پادىشاھلىقلار ئۈستىگە تىكلىدىم» دەيدۇ ۋە يەنە ئۇنىڭغا: «مېنىڭ قولۇمدىكى غەزىپىمگە تولغان قەدەھنى ئېلىپ، مەن سېنى ئەۋەتكەن بارلىق ئەللەرگە ئىچكۈزگىن» دەپ بۇيرۇيدۇ («يەر.» 10:1، 15:25-27). يەشايا ياكى يەرەمىيا پەيغەمبەر شۇنداق ئىشلارنى ئۆزى قىلغان ئەمەس؛ ئۇلار پەقەت بۇ ئىشلار توغرىسىدا بېشارەت بەرگەچكە، خۇدانىڭ شۇنداق قىلىشىغا يول تەييارلىغان، خالاس. زەكەرىيامۇ مۇشۇ يەردە شۇنداق ئىش قىلغان.

ئەمدى بېشارەتنى تەپسىلىراق كۆرەيلى: —

«پەرۋەردىگار خۇدايىم مۇنداق دەيدۇ: ــ بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادىنى باققىن!» (4-ئايەت).

خەلق كۆپ جەھەتلەردىن ئاللىقاچان «ساختا پادىچىلار» تەرىپىدىن ئازدۇرۇلۇپ، چەت ئەل زالىملىرى تەرىپىدىن خارلىنىپ «بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادا»دەك بولۇپ قالغانىدى؛ چۈنكى «خەلق قوي پادىسىدەك تېنەپ كەتتى؛ ئۇلار پادىچىسى بولمىغاچقا، ئازار يېمەكتە» (2:10). لېكىن يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بېشارەتتە كۆزدە تۇتۇلغان ئەھۋالنى ئاساسەن كەلگۈسى بىر ئەھۋال، دەپ قارايمىز.

5-ئايەت: — «ئۇلارنى سېتىۋالغانلار ئۇلارنى بوغۇزلىۋەتكەندە ھېچ گۇناھكار دەپ قارالمايدۇ؛ ئۇلارنى سېتىۋەتكەنلەر: «پەرۋەردىگارغا شۈكرى! چۈنكى بېيىپ كەتتىم!» ــ دەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆز پادىچىلىرى ئۇلارغا ئىچىنى ھېچ ئاغرىتمايدۇ». 5-ئايەت 4-ئايەتتە ئېيتىلغان ئەھۋالنى تېخىمۇ تەپسىلىي تەسۋىرلەيدۇ.

ئۇلارنى «سېتىۋالغانلار» ۋە «سېتىۋەتكەنلەر» دېگەن سۆزلەر قوۋم تاپشۇرۇلغان يات ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇلار دەرۋەقە يەھۇدىي خەلقلەرگە (باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش) نىمە خالىسىلا شۇنى قىلىۋېرىدۇ، لېكىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق «گۇناھىمىز يوقتۇر» دەپ ھېسابلايدۇ.

بۇ بېشارەتتىمۇ زەكەرىيا «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ بېشارەتلىرىنىمۇ بىزگە خۇلاسىلەپ بېرىدۇ، جۈملىدىن: «مېنىڭ خەلقىم ئازغان قويلاردۇر؛ ئۇلارنىڭ باققۇچىلىرى ئۇلارنى ئازدۇرغان... ئۇلارنى ئۇچراتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى يەپ كەتكەن؛ كۈشەندىلىرى ئۇلار توغرۇلۇق: «بىزدە بۇ ئىشلاردا ھېچ گۇناھ يوق، چۈنكى ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۈمىدى بولغان پەرۋەردىگار، ھەققانىيلىقنىڭ يايلاق-تۇرالغۇسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلغان!» ـ دېگەن» («يەر.» 50:6-7).

لېكىن گەرچە ئىسرائىل دەھشەتلىك گۇناھلىرى ئۈچۈن خۇدا تەرىپىدىن ئادىل جازاسىنى يېيىش ئۈچۈن يات ئەللەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان بولسىمۇ، شۇ ئەللەر ئۇلارغا قىلغان رەھىمسىز ئەمەللىرى ئۈچۈن گۇناھسىز ھېسابلانمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى بىز «يەر.» 50-بابتىنمۇ كۆرىمىز: ـ

«ئىسرائىل تارقىتىۋېتىلگەن قوي پادىسىدۇر؛ شىرلار (يات ئەللەر يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشىتىلىدۇ) ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەن؛ دەسلەپتە ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھى ئۇلارنى يەپ كەتكەن، ئاخىرىدا بۇ بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئېزىپ غاجىلىغان. شۇڭا ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ـ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى مۇنداق دەيدۇ: ـ مانا، مەن ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھىنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەندەك، ئۇنى جازالىغىنىمدەك، مەن بابىل پادىشاھىنى ھەم زېمىنىنى جازالايمەن» («يەر.» 50:17-18).

خۇدا ئاسۇرىيە ۋە بابىلغا نېمە قىلغان بولسا ئۇ مېدىيا-پارسىيە، گرېتسىيە ۋە رىمغا قىلغان ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆز خەلقىنى قامچىلاشقا ئىشلىتىدىغان ئەللەر ھەم شەخسلەرگە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىدۇ؛ خۇددى يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق دېيىلگەندەك: ـ

«لېكىن سېنى يۇتۇۋالغانلارنىڭ ھەممىسى يۇتۇۋېلىنىدۇ؛ سېنىڭ بارلىق كۈشەندىلىرىڭ بولسا سۈرگۈن بولىدۇ؛ سېنى بۇلىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ؛ سېنى ئوۋ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئوۋ بولىدۇ» («يەر.» 30:16).

ئىسرائىل يات ئەللەر تەرىپىدىن خارلانغان بولۇپلا قالماي، 5-ئايەت بويىچە «ئۆز پادىچىلىرى»، يەنى ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرىي ۋە روھىي يېتەكچىلىرى، ئۆزلىرىنى باققان ۋە ئۆزلىرىگە ھىمايە بولۇش كېرەك بولغان ھاكىملار، كاھىنلار ۋە «پەيغەمبەرلەر» «ئۇلارغا ئىچىنى ھېچ ئاغرىتمايدۇ». ئۇلار شۇنداق قىلىپ، پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنى ئىزدەپ «خۇدانىڭ قويلىرى»نى باشقىلارنىڭ ئۇۋلاش ئوبيېكتى قىلىنىش سەۋەبى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ «ساختا پادىچى» بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

خەلقنىڭ ھالىتى ھازىر تېخىمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ، چۈنكى خۇدا ئۆزى: «... مەن زېمىندا تۇرۇۋاتقانلارغا يەنە ئىچىمنى ھېچ ئاغرىتمايمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار؛ ــ ۋە مانا، مەن ئادەملەرنى، ھەربىرىنى ئۆز يېقىنىنىڭ قولىغا ۋە ئۆز پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؛ مانا، بۇلار زېمىننى خاراب قىلىدۇ، ...» ـ دەيدۇ (6-ئايەت).

بۇ 6-ئايەتتە، ئىسرائىل «ياخشى پادىچى»نى رەت قىلغاندىن كېيىنكى بولىدىغان ۋەقەلەر تويتوغرا ئالدىنالا كۆرسىتىلىدۇ («يۇھ.» 10:1-31). بىرىنچىدىن، خۇدا ئۆز خەلقىگە بولغان كۆيۈمى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇداپىئەسىنى ئېلىپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنى بىر-بىرىگە زىت قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنى دۈشمىنىنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ.

تارىختا مول ئىسپات باركى، مەسىھنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئىسرائىل خەلقى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان دەرىجىدە بىر-بىرىگە قارشى، بىر-بىرىدىن قاتتىق ھەسەت قىلىدىغان كۆپ مەزھەپ-گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلدا رىم قوشۇنى يېرۇسالېمنى ئۈچ يېرىم يىل قورشىۋالغاندىن كېيىن سېپىلنى بۆسۈپ شەھەرنى ئىشغال قىلغان كۈندە، شەھەردىكىلەر بىر-بىرىگە قارشى ئۈچ مەزھەپ-گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا سوقۇشۇۋاتقان ئىدى.

يەرەمىيا پەيغەمبەر بابىل ئىمپېرىيەسى يېرۇسالېم شەھىرىنى ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەندە، شەھەردىكىلەرنىڭ پەقەت دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قىسىلغىنىنى تەسۋىرلەپ قالماي، بەلكى بىر-بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنىمۇ تەسۋىرلەيدۇ: ــ

«مەن ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ ھەم جانلىرىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قاتتىق قىستايدىغان قورشاۋىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئوغۇللىرىنىڭ گۆشىنى ھەم قىزلىرىنىڭ گۆشىنى يەيدىغان قىلىمەن، ئۇلارنىڭ

ھەربىرى ئۆز يېقىنىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ» («يەر.» 9:19). رىملىقلار شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان ۋاقتىدا (مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلدا) ئوپئوچۇق ئىشلار بولدى. خۇدانىڭ جازاسىنىڭ بۇ ئىككى ئاملىنى زەكەرىيامۇ ئىلگىرى تىلغا ئالغاندى: «دۈشمەنلەر تۆپىلىدىن چىقىۋچى ياكى كىرگۈچى ئۈچۈن ئامان-ئېسەنلىك يوق ئىدى؛ چۈنكى مەن ھەربىر ئادەمنى ئۆز يېقىنىغا دۈشمەنلەشتۈردۈم» («زەك.» 10:8).

«ئۆز پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن» دېگەن ئىبارە شۇ پادىشاھنى ئۇلارغا خۇدا بەرمىگەنلىكىنى، بەلكىم ئۆزلىرى تاللىۋالغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. زەكەرىيانىڭ دەۋرىدە يەھۇدانىڭ ھېچ پادىشاھى يوق ئىدى ۋە يەنە 550 يىل ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ ھېچ پادىشاھى بولمىدى. لېكىن ۋالىي پىلاتۇس ئەيسا مەسىھنى خالايىق ئالدىغا چىقارغاندا ئۇ ئۇلارغا مەسخىرە ئارىلاش ئەمما ھەقىقەتنى سۆزلەپ:

«ــ مانا بۇ سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار!» ـ دەپ جاكارلىغاندا، ئۇلارنىڭ جاۋابى «ــ يوقىتىڭ، يوقىتىڭ، ئۇنى كرېستلەڭ!» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.

پىلاتۇس ئۇلارغا يەنە: ــ مېنى پادىشاھىڭلارنى كرېستلىگىن، دەمسىلەر؟

ــ دېگەندە باش كاھىنلار ئۆزلىرىنى خەلققە ۋەكىل قىلىپ جاۋابەن:

ــ قەيسەردىن باشقا ھېچقانداق پادىشاھىمىز يوقتۇر! ــ دېيىشتى.

مانا ئۇلارنىڭ تاللىۋالغان «ئۆز پادىشاھى». شۇنداق تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار «قەيسەرنىڭ قولىغا» تاپشۇرۇلدى؛ ئۇزۇن ئۆتمەي رىم قوشۇنلىرى (بولغۇسى قەيسەر ۋەسپاسىيان، ئاندىن بولغۇسى قەيسەر تىتۇسنىڭ يوليورۇقى بىلەن) ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ۋەيران قىلدى، ئىبادەتخانىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، شەھەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى، خەلقنى چەت-چەتلەرگە تارقىتىۋەتتى.

ئەسلىدە باش كاھىن قاياپا خەلقنى مەسىھنى ئۆلتۈرۈشكە قۇترىتىپ: «ئۇنىڭغا شۇنداق يول قويۇپ بېرىۋەرسەك، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغاندا، رىملىقلار كېلىپ بۇ ئىبادەتخانىنى ۋە قوۋمىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ!» دېگەنىدى. ئاندىن ئۇ ئۇلارنى كۈچكۈرتۈپ: ــ «پۈتۈن خەلقنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ ئورنىغا، بىرلا ئادەمنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈشى ياخشى...» دەپ، ئاخىردا ئەيسا مەسىھنى ئېتىقادسىز رىملىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرغان. لېكىن ئۇلار ئۆز قۇتقۇزغۇچى-پادىشاھىغا ساتقۇنلۇق

قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن دەل ئۇلار قورققان ئىشلار بېشىغا چۈشتى: «رىملىقلار كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ۋە قوۋمىنى ۋەيران قىلىۋەتتى».

ھالبۇكى، گەرچە جازاسى دەھشەتلىك بولغىنى بىلەن خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان خىتابى ھېچ ئۆزگەرمەيدۇ: «رەزىل يوللىرىڭلاردىن يېنىڭلار، يېنىڭلار! نېمىشقا ئۆلگۈڭلار كېلىدۇ، ئى ئىسرائىل جەمەتى؟!» («ئەز.» 11:33).

«زەكەرىيا» دېگەن كىتابنىڭ ئاخىرقى بابلىرىدا ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ يېنىغا «يېنىشى» ئايان قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا روسۇل پاۋلۇسنىڭ شۇ بېشارىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ: «ئاندىن پۈتۈن ئىسرائىل قۇتقۇزۇلىدۇ. بۇ توغرۇلۇق مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان: ــ «قۇتقۇزغۇچى زىئوندىن كېلىپ، ئىپلاسلىقنى ياقۇپنىڭ ئەۋلادىدىن يوق قىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكىنىمدە، مانا بۇ ئۇلار بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم بولىدۇ» («رىم.» 26:11؛ «يەش.» 59:20-21).

ئەمدى بۇ بېشارەتنىڭ مېغىزى – «ياخشى پادىچى»نىڭ ئۆز قوۋمىنى باقىشى؛ پادىنىڭ قانداق جاھىللىق بىلەن ئۇنى رەت قىلىپ، «بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادا» بولۇپ قالغىنى، دېگەن چوڭ تېماغا كەلدۇق: –

«شۇڭا مەن «بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادا»نى بېقىپ تۇردۇم، بولۇپمۇ پادىنىڭ ئارىسىدىكى مىسكىن مۆمىنلەرنى باقتىم. مەن ئۆزۈمگە ئىككى تاياقنى ئالدىم؛ بىرىنچىسىنى «شاپائەت»، ئىككىنچىسىنى «رىشتە» دەپ ئاتىدىم؛ شۇنىڭ بىلەن مەن پادىنى باقتىم» (7-ئايەت).

پۈتكۈل ئىسرائىل ئارىسىدا ھەردائىم ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىدىن توۋا قىلغان، خۇداغا سادىق بولغان بىر «قالدى» باردۇر؛ زەكەرىيانىڭ دەۋرىدە مۇشۇ خەلق «پادىنىڭ ئارىسىدىكى مىسكىن مۆمىنلەر» (ئىبرانىي تىلدا «ئانىيلار») دېيىلىدۇ (11-ئايەتتىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ). باشقىلار خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا قۇلاق سالمىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاڭلايدۇ («ئانىيلار» دېگەن سۆز شۇ مەنىدە «زەب.» 2:10، 9، 6:14، 16:25، 10:35، 14:37، 17:40، 5:70، 4:72، 1:86، 16:109-22، «يەش.» 2:10، 32:14، 17:41 ۋە كۆپ باشقا يەرلەردە تېپىلىدۇ).

بېشارەت بويىچە «ياخشى پادىچى» يەھۇدىي خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمەت مېۋىسى بار بولىدۇ، يەنى «بوغۇزلاشقا

بىكتىلگەن پادا» ئارىسىدا «خۇدانىڭ مىسكىن مۆمىنلىرى» بار بولىدۇ. زەفانىيا پەيغەمبەر ئېيتقاندەك: «مەن ئاراڭدا كەمتەر ھەم مىسكىن بىر خەلقنى قالدۇرىمەن، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا تايىنىدۇ» («زەف.» 12:3)؛ ئىنجىلدا ئىسرائىل ئارىسىدىكى «خۇدانىڭ قالدىسى» مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

— «ئۇ (مەسىھ) ئۆزىنىڭكىلەرگە كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۆز خەلقى قوبۇل قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنى قوبۇل قىلغانلار، يەنى ئۆز نامىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇش ھوقۇقىنى ئاتا قىلدى» («يۇھ.» 1:11-12).

رەببىمىز مەسىھ ئىسرائىل بولغان بارلىق پادىنى باقتى؛ لېكىن پەقەت «پادىنىڭ ئارىسىدىكى مىسكىن مۆمىنلەر»، يەنى باش كاھىنلار، ئاقساقاللار ۋە پەرىسىيلەر كەمسىتكەن «ئانىيلار»لا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئەگەشتى. روسۇل پاۋلۇس بۇ ئىشلاردا ئۆز خوجىسى ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىپ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىش قىلدى:

— «ئەمدى شۇ سەۋەبتىن، مەن خۇدا تاللىغان بەندىلەرنىڭ مەسىھ ئەيسادا بولغان نىجاتقا مەڭگۈلۈك شان-شەرەپ بىلەن ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەممە ئىشقا بەرداشلىق بېرىمەن» — دەيدۇ («2تىم» 10:2).

زەكەرىيا پەيغەمبەر مەزكۇر غايىبانە كۆرۈنۈشتە پادىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئىسرائىلنى دەپ زىممىسىگە ئالىدۇ، ئاندىن ئىككى تاياقنى قولىغا ئالىدۇ. ئوتتۇرا شەرقتە پادىچىلارنىڭ ئىككى تايىقى بار بولىدۇ — بىرىنچىسى پادىنىڭ دۈشمەنلىرى، شىرلار، بۆرىلەر قاتارلىقلارنى قوغلاش ئۈچۈن، ئىككىنچىسى پادىنى يېتەكلەپ، يولىنى توغرىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. داۋۇت پەيغەمبەر بۇ ئىككى تاياق توغرۇلۇق زەبۇردا: «سېنىڭ ھاساڭ ھەم تايىقىڭ ماڭا تەسەللىدۇر» دەيدۇ (23-كۈيدىن).

ئىككى تاياقنىڭ ناملىرىنىڭ ئەھمىيىتى بار؛ بىرىنچىسى «شاپائەت»، ئىككىنچىسى «رىشتە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ رولى 10- ۋە 14-ئايەتتە كۆرۈنىدۇ؛ بىرىنچىسى («شاپائەت») «پادىنىڭ دۈشمەنلىرى»نىڭ، يەنى يات ئەللەرنىڭ ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى («رىشتە») پادىنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى ساقلايدۇ. بۇ ئىككى تاياقنى قولىغا ئېلىپ زەكەرىيا پەيغەمبەر (بىزنىڭچە مەسىھكە ۋەكىل بولۇپ) «پادىنى باقتىم» دەيدۇ.

ئەمدى ئىنتايىن سىرلىق مۇنۇ ئايەتكە كېلىمىز: —

«شۇنىڭدەك مەن بىر ئاي ئىچىدە ئۈچ پادىچىنى ھالاك قىلدىم؛ مېنىڭ جېنىم بۇ خەلقتىن بىزار بولدى ۋە ئۇلارنىڭ جېنى مېنى ئۆچ كۆردى» (8-ئايەت).

«ئۈچ پادىچى» توغرۇلۇق بىزنىڭچە ئىككى ئىمكانىيەت بار: –

(1) «ئۈچ پادىچى» مەلۇم ئادەملەرنى ئەمەس، بەلكى خۇدا ئىسرائىل ئۈچۈن بېكىتكەن ئۈچ خىل پادىچىنى، يەنى «پەيغەمبەر»، «كاھىن» ۋە «پادىشاھ»نى بىلدۈردۇ. مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلىشى بىلەن، ئىسرائىلدا بۇ ئۈچ خىل «پادىچى» قالمىدى.

(2) مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلى رىم قوشۇنلىرى يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، ئىسرائىلنىڭ بىر-بىرىگە ئىنتايىن ئۆچ بولغان ئۈچ يېتەكچىسى (يۇھاننا، سىمون ۋە ئەلئىېزەر ئىسىملىك) بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن سوقۇشۇشلىرى تۈپەيلىدىن يېرۇسالېم ئاخىر بېرىپ ئىشغال قىلىنغان، بۇ ئۈچ «پادىچى» شۇ ھامان «پادىچىلىقتىن» قالغان. بىز بۇ 2-ئىمكانىيەتكە مايىلمىز. بىراق ««ياخشى پادىچى»نىڭ بۇ ئۈچ پادىچىنى ھالاك قىلىشى» بىلەن خەلق يەنىلا ئاگاھ ئالمايدۇ؛ ئەكسىچە ئۇلار «ياخشى پادىچى»غا تېخىمۇ ئۆچ بولىدۇ؛ ئۇمۇ «مېنىڭ جېنىم بۇ خەلقتىن بىزار بولدى» دەيدۇ. مۇقەددەس روھ ئىسرائىل خەلقىنىڭ جاھىللىقى توغرۇلۇق خېلى بالدۇر زەبۇرنىڭ مۇئەللىپى ئارقىلىق ۋايىسىغاندەك: –

«بىراق خەلقىم سادايىمغا قۇلاق سالمىدى،
ئىسرائىلنىڭ ماڭا باغلانغۇسى يوق ئىدى؛
شۇڭا مەن ئۇلارنى ئۆز تەرسالىقىغا قويۇۋەتتىم؛
ئۇلار ئۆز مەسلىھەتلىرى بىلەن مېڭىۋېرەتتى» («زەب.» 12:18-16،

«يەش.» 18:48). مانا بۇ 8- ۋە 9-ئايەتلەرنىڭ قىسقىچە مەنىسىدۇر. چۈنكى خۇدا ئىنتايىن سەۋر-تاقەتلىك، ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى ئىنتايىن ئۇزۇنغا چىدامىلىق بولغىنى بىلەن ئۇ چەكسىز ئەمەس. ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتىنىڭ تۈگىشى بىلەن خۇدا:

– ««مەن سىلەرنى باقمايمەن؛ ئۆلەي دەپ قالغانلىرى ئۆلۈپ كەتسۇن؛ ھالاك بولاي دەپ قالغانلىرى ھالاك بولسۇن؛ تىرىك قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ گۆشىنى يېسۇن» – دەيدۇ (9-ئايەت).

دەرۋەقە، رىم ئىمپېرىيەسى يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا كۆپ ئادەم

ئاچارچىلىقتىن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېگەن. رىملىقلارنىڭ ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلىشىدىكى سەۋەب 10-ئايەتتە تېپىلىدۇ؛ پادىچىنىڭ ئۆز پادىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈشىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر خۇداغا ۋەكىل بولۇپ تاياقلىرىنىڭ بىرىنچىسىنى سۇندۇردى: —

«مەن «شاپائەت» دېگەن تايىقىمنى ئېلىپ سۇندۇرۇۋەتتىم، شۇنىڭدەك مېنىڭ بارلىق ئەللەر بىلەن بولغان ئەھدەمنى سۇندۇرۇۋەتتىم» (10-ئايەت).

ئايەتتە دېيىلگەن «ئەھدە» خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسرائىلغا ھىمايە بولۇش ئۈچۈن ئەللەر بىلەن ئۆزلۈكىدىن تۈزگەن بىرخىل ئەھدىسىدۇر. ئىسرائىل خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ئاستىدا تۇرغان بولسىلا، ئۇ ھەتتا دۈشمەنلىرىنىمۇ ئۇلار بىلەن تىنچ ئۆتىدىغان قىلاتتى («پەند.» 7:16 «ئادەمنىڭ ئىشلىرى پەرۋەردىگارنى خۇرسەن قىلسا، ئۇ ھەتتا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئىناقلاشتۇرار» دېيىلگەندەك). لېكىن مۇداپىئەسى ئۇلاردىن ئېلىپ كېتىلگەن بولسا، يات ئەللەر ۋەھشىي ھايۋانلاردەك كېلىپ ئىسرائىلنى ئۆز ئوۋلايدىغان ئوبيېكتى قىلىدۇ: «مانا ئورمانلىقتىكى ياۋا توڭگۇزلار ئۇنى يىرتىۋاتىدۇ، دالادىكى ھايۋاناتلار ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىدۇ» («زەب.» 13:80). ئاخىرقى زاماندا ئىسرائىل قەتئىي توۋا قىلىپ مەسىھگە ئېتىقاد قىلغاندا، خۇدا قايتىدىن ئۇلار ئۈچۈن مۇنۇ ئەھدىنى بەجا كەلتۈرىدۇ: —

«مەن ئۇلار ئۈچۈن دالادىكى ھايۋانلار، ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار ۋە يەر يۈزىدىكى ئۆمىلىگۈچىلەر بىلەن بىر ئەھدە تۈزىمەن؛ مەن ئوقيا، قىلىچ ۋە جەڭنى سۇندۇرۇپ زېمىندىن ئېلىپ تاشلايمەن؛ ئۇلارنى ئامان-ئېسەن ياتقۇزىمەن. ۋە مەن سېنى ئەبەدىلئەبەد ئۆزۈمگە باغلايمەن؛ ھەققانىيلىقتا، مېھىر-مۇھەببەتتە، رەھىم-شەپقەتلەردە سېنى ئۆزۈمگە باغلايمەن؛ سېنى ساداقەتلىكتە ئۆزۈمگە باغلايمەن؛ شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنى بىلىپ يېتىسەن» («ھوش.» 2:18-20).

11-ئايەتكە ئۆتەيلى: —

«ئەھدە شۇ كۈنى بىكار قىلىۋېتىلدى؛ شۇڭا پادا ئارىسىدىكى ماڭا دىققەت قىلغان مىسكىن (ياكى، «ماڭا قارايدىغان») مۆمىنلەر بۇنىڭ

پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى».

شۇڭا، پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن كېيىنكى «مىسكىن مۆمىنلەر» خۇدانىڭ (10-ئايەتتە دېيىلگەن) «ئەللەر بىلەن بولغان ئەھدىسى»نىڭ «سۇنغانلىقى»نى كۆرگەندە، ئۇلار بۇ ئىشنى خۇدا بېشارەت قىلغانلىقىنى «بىلىپ يېتىدۇ». بۇ «بىلىپ يېتىش»نىڭ ئۆزى بەلكىم زەكەرىيا كۆرۈۋاتقان ئالامەت كۆرۈنۈشنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئەمەلىيەتتە مەسىھكە ئىشەنگەن بارلىق يەھۇدىيلار يېرۇسالېمنىڭ رىم قوشۇنى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشىدىن ئىلگىرى بۇ بېشارەتكە ئاساسەن، شۇنداقلا مەسىھنىڭ سۆزىگە ئاساسەن («لۇقا» 20:21) يېرۇسالېمدىن چىقىپ تاغلىق رايونغا قاچقاندى («لۇقا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ). ئاخىرقى زاماندىمۇ دەججال يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلماقچى بولغاندا شۇنىڭغا ئوپئوخشاش دېگۈدەك بىر ئەھۋال بولىدۇ («مات.» 15:24-22).

بۇ بېشارەتتىكى ئەڭ تەس، بىراق ئەڭ مۇھىم ئايەتلەرگە كەلدۇق: ــ

«ۋە مەن ئۇلارغا: «مۇۋاپىق كۆرسەڭلار، مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بېرىڭلار؛ بولمىسا بولدى قىلىڭلار» ــ دېدىم. شۇڭا ئۇلار مېنىڭ ئىش ھەققىمگە ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى تارازىغا سالدى.

ۋە پەرۋەردىگار ماڭا: «مانا بۇ ئۇلار ماڭا بېكىتكەن قالتىس باھا! ئۇنى ساپالچىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەر!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە، ساپالچىنىڭ ئالدىغا چۆرىۋەتتىم» (12-13).

پەيغەمبەر ئۆزى كۆرگەن كۆرۈنۈشتە خۇدانىڭ ياكى مەسىھنىڭ ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ ئورنىدا بولۇپ خالايىقتىن پادىچىنىڭ «ئىش ھەققى»نى سورايدۇ. چۈنكى ئۇ دەرۋەقە دەۋردىن-دەۋر ئۇلارغا ھەقىقىي پادىچى بولغان؛ پەقەت ئۇلار ئۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن پادىچى بولغان خىزمىتىنى رەت قىلغان.

مەسىھ ئەيسا خۇدانىڭ ۋەكىلى بولۇپ، خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان ئەسىرمۇ ئەسىر كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۆز «ئەمگەك مېۋىسى»نى سورىغان («مات.» 33:21-41دە رەببىمىزنىڭ «ئۈزۈمزارلىق تەمسىلى»نى كۆرۈڭ). شۇ ئىشتا ئۇ (خۇدا) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى سىنىدى. قەدىمكى بىر ئالىم دېگەنىدەك: «خۇدا بىزنىڭ ئىرادىمىزنى پايمال قىلمايدۇ ياكى بىزنى خىزمىتىدە بولۇشقا مەجبۇرلىمايدۇ. ئۇ

ئالدىمىزغا ھايات ۋە ئۆلۈمنى قويىدۇ، ھاياتنى تاللاشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇنى تاللىيالايمىز؛ لېكىن بىزنىڭ ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى رەت قىلىش ئىمكانىيىتىمىز ياكى ئەركىنلىكىمىزمۇ بار».

ئەمەلىيەتتە ئىسرائىل خۇدانىڭ مەسىھ ئارقىلىق بولغان مېھرىنى رەت قىلىپلا قالماي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلدى. بۇ ھاقارەتنى ئۇلار «ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە»نى «ئىش ھەققى» ئورنىدا سۇنۇشى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە مۇقەددەس قانۇن بويىچە تاسادىپىيلىقتىن ئۆلتۈرۈلگەن بىر قۇلنىڭ تۆلەم باھاسى ئىدى، خالاس («مىس.» 32:21).

بۇ پۇلنى پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئىبادەتخانىدا بارلىق پۇقرالار ئالدىدا «ساپالچىنىڭ ئالدىغا» چۆرۈۋېتىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا مۇشۇ «چۆرۈۋېتىش» دېگەن سۆز ئادەتتە ھارام نەرسىنى مۇتلەق يىرگىنچلىك دەپ تاشلىۋېتىشنى بىلدۈرىدۇ («مىس.» 31:22، «يەشايا» 20:2، 19:14دە شۇنداق ئىشلىتىلىدۇ).

ئەمدى نېمىشقا پەيغەمبەر (كۆرۈنۈشتە) بۇ كۈمۈشنى «ساپالچىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىشى» كېرەك بولىدۇ؟ ساپالچىلارنىڭ ئىبادەتخانىدا ئىشلىرى بار ئىدى؛ مەسىلەن، ئىبادەتخانىنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق ئېتىش ۋە كىر-قاتلارنى يۇيۇش ئۈچۈن ساپال بۇيۇملار كېرەك بولاتتى؛ شۇ بۇيۇملارنىڭ ئىبادەتخانىدىكى بارلىق بۇيۇملار ئىچىدە ئەڭ ئەرزان، ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشى تۇرغان گەپ ئىدى (20:14نى كۆرۈڭ). شۇڭا «ساپالچىنىڭ ئالدىغا تاشلىشى» مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئەرزىمەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك؛ بۇگۇنكىدە قەدەر بۇ توغرۇلۇق بۇنىڭدىن باشقا مەلۇماتلارغا ئېرىشكىنىمىز يوق.

شۇ ئىش نېمىشقا ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزىدە قىلىنغان؟ ئىبادەتخانىدا كۆپچىلىك، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتىگە ۋەكىل بولغان كاھىنلار شۇ ئىشنى كۆرەلەيتتى؛ شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل خەلق گۇۋاھ بولاتتى؛ خۇدا ئۆزىمۇ گۇۋاھ بولاتتى، ئەلۋەتتە.

دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ «ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە»نى پەرۋەردىگار ئۆزى قاتتىق كىنايە بىلەن «ئۇلار ماڭا بېكىتكەن قالتىس باھا!» دەيدۇ. مۇشۇ ئىبارىدىن يەنە ئېنىقكى، پەيغەمبەر دەل خۇدانىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئىش قىلىۋاتاتتى.

ئەمدى بۇ بېشارەت قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؟
يەھۇدا رەبىمىزنى «ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە» ئۈچۈن باش كاھىنلارغا «سېتىۋەتكەن»دىن كېيىن تۆۋەندىكى ئىشلار بولدى («مات.» 27:3-10): —
«ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدا ئۇنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى ۋە باش كاھىنلار بىلەن ئاقساقاللارغا ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى قايتۇرۇپ بېرىپ:
— مەن بىگۇناھ بىر جاننىڭ قېنى تۆكۈلۈشكە ساتقۇنلۇق قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزدۇم، — دېدى.
بۇنىڭغا بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟ ئۆز ئىشىڭنى بىل! — دېيىشتى ئۇلار.
يەھۇدا كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇ يەردىن كېتىپ، تالاغا چىقىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.
باش كاھىنلار كۈمۈش تەڭگىلەرنى يىغىۋېلىپ: —
بۇ خۇن تۆلۈمى بولغان تەڭگىلەردۇر، ئۇلارنى ئىبادەتخانىنىڭ خەزىنىسىگە قويۇش ھارام، — دېيىشتى. ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بۇ پۇللار بىلەن ياقا يۇرتلۇقلارغا مازارلىق بولسۇن دەپ، ساپالچىنىڭ بىر پارچە ئېتىزلىقىنى سېتىۋالدى. شۇڭا بۇ يەر ھازىرغىچە «قانلىق ئېتىز» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.
بۇ ۋەقە ئارقىلىق يەرەمىيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن بۇرۇن ئېيتىلغان مۇنۇ بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى:
«ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭ ئۈچۈن باھالاپ بېكىتكەن باھاسىنى، يەنى ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى ئۇلار ئېلىشتى ۋە پەرۋەردىگار ماڭا ئەمر قىلغاندەك، ساپالچىنىڭ ئېتىزىنى سېتىۋېلىشقا خەجلەشتى»».
مانا بۇ، ئىسرائىل ئۆز پادىچى-پادىشاھى بولغان مەسىھگە بېكىتكەن باھادۇر.
ئوقۇرمەنلەر يۇقىرىدا روسۇل ماتتانىڭ زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتىنى نەقىل كەلتۈرگىنىنى ۋە بېشارەتتىكى ئەينى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بايقىغان بولۇشى مۇمكىن. نېمىشقا شۇنداق پەرقلەر بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، «ماتتا»دا

بېشارەت نېمە ئۈچۈن «يەرەمىيا پەيغەمبەر (زەكەرىيا پەيغەمبەر دېمەي) تەرىپىدىن ئېيتىلغان» دېيىلدۇ؟

ئىككىنچى سوئال توغرۇلۇق «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

«ماتتا» بىلەن «زەكەرىيا»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر توغرۇلۇق بىرىنچى سوئالنىڭ ئىنتايىن تەس بىر سوئال ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىمىز. بەزى ئەھۋاللاردا ئىنجىلدىكى مۇئەللىپلەر «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگىنىدە ئۇلارنى ئىخچاملايدۇ ياكى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ (يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، زەكەرىيا پەيغەمبەر مۇقەددەس روھنىڭ يوليورۇقى بىلەن «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ سۆزلىرىنى ئوخشاشلا ئىخچاملايدۇ). يەھۇدىي ئۆلىمالار («راببىلار») دائىم شۇنداق قىلىدۇ؛ بۇنىڭ نەتىجىسىنى ئۇلار «تارگۇم» دەيدۇ (ئىبرانى تىلىدىكى «تارگۇم» بىلەن ئەرەبچىدىكى «تەرجىمە» ئوخشاش يىلتىزلىق سۆزلەردۇر). ئەمدى روسۇل ماتتا مۇشۇ ئايەتلەردە شۇنداق قىلىپ بەزى «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ سۆزلىرىنى، جۈملىدىن زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتىنى ئىخچاملاپ بىرلەشتۈرگەنمۇ، قانداق؟ نۇرغۇن ئېتىقادسىز ئالىملار ماتتا مۇشۇ يەردە بىر خاتالىقنى ئۆتكۈزدى، خالاس، دەيدۇ. ئەمما ماتتا رەب ئەيسا توغرۇلۇق يازغان «ماتتا» دېگەن باياندا ئۇنىڭ تەۋراتتىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىغا ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقى تولىمۇ كۆرۈنەرلىك پاكىتتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ شۇنداق ئاددىي بىر خاتالىقنى ئۆتكۈزۈشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئالىملار پەرقلەرنى چۈشەندۈرىدىغان نۇرغۇن باشقا پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ ئۇلاردىن: «پەرۋەردىگار ماڭا ئەمر قىلغاندەك، ساپالچىنىڭ ئېتىزىنى سېتىۋېلىشقا خەجلەشتى» دېگەن سۆزلەر ئەمەلىيەتتە يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ بىزگە ھازىر نامەلۇم، يوقاپ كەتكەن بىر يازمىسىدا پۈتۈلگەن، دېگەن بىر پىكىر بار. قەدىمكى مەسىھىي جامائەت ئىچىدىكى يىروم ئىسىملىك مۆتىۋەر بىر ئالىم ئۆز كۆزى بىلەن يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ شۇ يازمىسىنى كۆرگەن، دەيدۇ، شۇڭا بىز بۇ پىكىرگە مايىلمىز.

قايسى چۈشەندۈرۈشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك: «زەكەرىيا»دا «ساپالچىنىڭ ئالدىغا تاشلاش» دېگەن ئىبارە

تاشلانغان نەرسىنىڭ ئەرزىمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قايتىلايمىز. «ماتتا»دا «ساپالچىنىڭ ئېتىزى ئۈچۈن بېرىش» دېگەن ئىبارىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىنى پۈرىتىپ بېرىدۇ. رەبنىڭ مۇخلىسى بولغان يەھۇدانىڭ ساتقۇنلۇق پۇلى بىلەن ئەمەلىي بىر ئېتىز، يەنى «ساپالچىنىڭ ئېتىزى» دەپ ئاتالغان بىر ئېتىزنىڭ سېتىۋېلىنىشىنى پاكىتتۇر، ئەلۋەتتە.

گەرچە بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش جەريانىدا ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە رەببىمىز ئەيساغا ئەمەس، بەلكى يەھۇداغا بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ ئوتتۇز تەڭگە دەل ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى رەببىمىزگە بېكىتكەن باھانى، يەنى ئۇلارنىڭ ئۇنى كەمسىتكەنلىكىنى ۋە ئۇنى «ئۇنىڭ پادىچىمىز بولۇشىنى خالىمايمىز» دەپ قەتئىي چەتكە قاققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بېشارەتنى ئىشلارنىڭ تەرتىپى بويىچە تەپسىلىي رەتلىسەك مۇنداق بولىدۇ: ــ

(1) ئىسرائىل كۆپ «ساختا پادىچىلار»نىڭ قولىدا كۆپ ئازاب-ئوقۇبەت تارتقاندىن كېيىن ۋە شۇنداقلا يېرۇسالېم ۋە (ئىككىنچى قېتىم) ئىبادەتخانا ۋەيران قىلىنىشتىن ئىلگىرى، پەرۋەردىگار مەسىھدە، يەنى ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى سۈپىتىدە ئۇلار ئارىسىغا كېلىدۇ.

(2) پەقەت پادىنىڭ ئارىسىدىكى «مىسكىن مۆمىنلەر» مەسىھنىڭ سۆز-كالامىغا قۇلاق سالىدۇ؛ لېكىن قالغانلار ئۇنى رەت قىلىپ قاتتىق چەتكە قاقىدۇ.

(3) «ياخشى پادىچى» قۇلنىڭ باھاسى بىلەن باھالىنىدۇ.

(4) شۇ پۇل ئىبادەتخانىدا «ساپالچى»نىڭ ئالدىغا تاشلىۋېتىلىدۇ؛

(5) مەسىھنى رەت قىلغاندىن كېيىن يەھۇدىي خەلقى سىرتقى تەرەپتىن چەت ئەلنىڭ زۇلۇملىرىغا ئۇچرايدۇ، ئىچكى تەرەپتە ئۆزئارا زىددىيەتى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ.

بەشىنچى ئىش هازىرغىچە يۈز بەرمەكتە.

ئاندىن «ياخشى پادىچى»نىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بەلگىسىنى، يەنى ئىككىنچى تاياقنى سۇندۇرۇپ تاشلايدۇ. بۇ ئىش بىرىنچى تاياق سۇندۇرۇلغاندىن بىر مەزگىل كېيىن بولغانلىقى

بەلكىم خۇدانىڭ ئۇلارنى پۈتۈنلەي تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن: ــ

«ئاندىن مەن يەھۇدا بىلەن ئىسرائىلنىڭ قېرىنداشلىقىنى ئۈزۈش ئۈچۈن، ئىككىنچى تايىقىمنى، يەنى «رىشتە»نى سۇندۇرۇۋەتتىم» (14-ئايەت). ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ بېشارەت ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بولغان ئۆچمەنلىكنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاخىرىدا بۇ «بېشارەتلىك ھەرىكەتلەر» ئىچىدىن دەھشەتلىك بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. ئۇلار «ياخشى پادىچى»نى رەت قىلغاندىن كېيىن (شۇنداقلا، خۇدا ئۆز قوراللىرى بولغان ئىككى تاياقنى سۇندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن) ئاخىر بېرىپ ئۇلار مەسىھنىڭ دەل ئەكسى بولغان بىر شەخسنىڭ زالىملىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ: «ئەرزىمەس پادىچىنىڭ قوراللىرىنى ئال» دەپ بۇيرۇلىدۇ: ــ

«پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: «سەن ئەمدى يەنە ئەرزىمەس پادىچىنىڭ قوراللىرىنى ئال» (15-ئايەت).

ئىبرانىي تىلىدا «ئەرزىمەس» دېگەن مۇشۇ سۆز يەنە «رەزىل» ياكى «تەلۋە» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئوخشاش سۆز، مەسىلەن، «ئايۇپ» 3:5، «زەب.» 1:14، «پەند.» 7:1دە تېپىلىدۇ).

بۇ ھەرىكەتنىڭ مەنىسىنى خۇدا ئۆزى چۈشەندۈرىدۇ: ــ

«چۈنكى مانا، مەن زېمىندا بىر پادىچىنى ئورنىدىن تۇرغۇزىمەنكى، ئۇ ھالاك بولاي دېگەنلەردىن خەۋەر ئالمايدۇ، تېنەپ كەتكەنلەرنى ئىزدىمەيدۇ، يارىلانغانلارنى ساقايتمايدۇ، ساغلاملارنىمۇ باقمايدۇ؛ ئۇ بەلكى سەمرىگەنلەرنىڭ گۆشىنى يەيدۇ، ھەتتا تۇياقلىرىنى يىرىپ يەيدۇ» (16-ئايەت).

خۇدا ئۆزى بۇ كىشىنى «زېمىندا... تۇرغۇزىدۇ» ــ دېمەك، ئىسرائىلنى جازالاش ۋە تازىلاپ-تاۋلاش ئۈچۈن ئاسۇرىيەلەرنى، بابىللارنى، رىملىقلار قاتارلىق زالىملارنى تۇرغۇزغاندەك شۇ «ئەرزىمەس پادىچى»نى تۇرغۇزىدۇ. خۇدانىڭ پادىسىنىڭ بۇ رەزىل ئادەمگە ئەگىشىشكە تەييار بولۇشىنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرىدىغان جازاسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئەمدى «ئەرزىمەس پادىچى» كىم بولىدۇ؟

يۇقىرىدا بىز ئىسرائىلنىڭ «ئۆز پادىشاھى» دېگەن سۆز ئۈستىدە توختالدۇق؛ يەھۇدىي خەلقى ئەيسانى رەت قىلىپ رىملىق قەيسەرنى «پادىشاھىمىز شۇ بولسۇن» دەپ تاللىۋالدى. دانىيال پەيغەمبەرنىڭ بېشارەتلىرى بويىچە رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئورنىدا ئاخىردا پۈتكۈل دۇنيانى سورايدىغان دەھشەتلىك بىر ئىمپېرىيە چىقىدۇ؛ رىملىق قەيسەر خەلقنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى مەجبۇرلىغاندەك، شۇ ئىمپېرىيەنىڭ ئىمپېراتورى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئادەملەرنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇ دەل دەججال بولىدۇ.

ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا «دەججال»دەك ئۇلارنى ئازدۇرۇپ ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ ھالاكەتكە ئېلىپ بارغان بىرنەچچە كىشىلەر بولغان ــ مەسىلەن، ئۆزى توغرۇلۇق «مەن قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» دېگەن «بار-قوقبا» (مىلادىيەدىن كېيىن 135-يىلى). دەججال شۇ ئالدامچى مۇستەبىتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ دەھشەتلىكى بولىدۇ («يۇھ.» 43:5، «2تېس.» 2-بابنىمۇ كۆرۈڭ).

لېكىن دەججال ئانچە ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرەلمەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تۈيۇقسىز ھالاكەت بولىدۇ: ــ

«پادىنى تاشلىۋەتكەن ئەرزىمەس پادىچىنىڭ ھالىغا ۋاي! قىلىچ ئۇنىڭ بىلىكى ۋە ئوڭ كۆزىگە چۈشىدۇ؛ ئۇنىڭ بىلىكى پۈتۈنلەي يىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى پۈتۈنلەي قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ» ــ (17-ئايەت).

ئۇنىڭ «پادىنى تاشلىۋەتكەن»ى ئۇنىڭ «ساختا پادىچى»، «مەدىكار» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ («يۇھ.» 12:10-13).

«رەب ئەيسا ئاغزىدىكى نەپىسى بىلەنلا ئۇنى يوقىتىۋېتىدۇ، كەلگەن چاغدىكى پارلاق نۇرى بىلەن ئۇنى يوق قىلىۋېتىدۇ» («2تېس.» 8:2).

بۇ سىرلىق بابنىڭ خەۋىرىنى يىغىنچاقلىساق: (1) ئىسرائىل ئۆزىنىڭ مەنىۋى-ئەتىيەرەس «پادىچىلىرى» تەرىپىدىن كۆپ ئازابلارنى تارتقان. (2) بىراق بۇ ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى بار. خۇدا مۇشۇ پادىچىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى جازالىغان ھەم جازالايدۇ. ھالبۇكى، ئىسرائىل خەلقى ياخشى پادىچىنى، يەنى خۇدانىڭ ئۆزىنى كەمسىتىدۇ. ئۇلار ئۇنى «30 كۈمۈش تەڭگە» قىممىتىدە كۆرىدۇ. (3) بۇ پۇل ئىبادەتخانىدا تاشلىۋېتىلىدۇ؛ (4) ئۇلار ھەقىقىي پادىچىنىڭ بېقىشىنى

رەت قىلدۇ، شۇڭا خۇدا ئۇلارنى ناھايىتى رەزىل بىر پادىچىنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ؛ (5) خۇدا مۇشۇ رەزىل پادىچىنى ۋە بارلىق مەنپەئەتپەرەس پادىچىلارنىمۇ قاتتىق جازالايدۇ.

## (6) پەرۋەردىگارنىڭ يۈكلىگەن ئىككىنچى سۆزى ـ (ئاخىرقى زامانلار) (12ـ14ـباب).
## 12ـباب ـ ئاخىرقى جەڭ ۋە خۇدانىڭ قۇتقۇزۇشى

بىز ھازىر زەكەرىيانىڭ بېشارەتلىرىنىڭ «يۇقىرى پەللىسى»گە كەلدۇق. تۆۋەندە كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى (9ـ14ـبابتىكى) ئىككى بۆلەك توغرۇلۇق ئېيتقىنىمىزنى قايتىلىساق ئارتۇق بولماس: «بىرىنچىسىدە (9ـ11ـبابلاردا) خۇدانىڭ ئىسرائىلغا زۇلۇم قىلىپ كەلگەن دۇنياۋى كۈچلەرنى ھالاك قىلغۇچى جازاسى، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىنى يېڭىشكە كۈچلەندۈرۈلۈشى ئاساسىي تېما بولىدۇ؛ ئىككىنچىسىدە (12ـ14ـبابلاردا) ئىسرائىلنىڭ ئەللەر بىلەن بولغان ئاخىرقى جەڭدىكى كۈرەشلەر ئارقىلىق تازىلىنىشى ۋە تاۋلىنىشى، ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ مۇقەددەس قوۋمى بولۇشقا لايىق ئۆزگەرتىلىشى مۇھىم تېما بولىدۇ».

مۇشۇ بېشارەت، شۈبھىسىزكى، زەكەرىيانىڭ دەۋرىدىن يىراق كەلگۈسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاخىرقى 12ـ14ـبابلاردا زەكەرىيا مۇنۇ ئىشلارنى ئالدىنئالا ئېيتىدۇ: ـ

(ئا) ئىسرائىل ۋە يېرۇسالېمنى يوقىتايلى دەپ يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر ئۇلارغا قارشى چىقىدۇ؛

(ئە) بۇ كەسكىن جەڭ تۈپەيلىدىن ئىسرائىل خۇداغا نىدا قىلىدۇ؛

(ب) ئۇ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ مەسىھنى كرېستلىگەنلىكىنى ئايان قىلىدۇ؛

(پ) پۈتكۈل ئىسرائىل قاتتىق توۋا قىلىدۇ؛

(ت) خۇدا ئۇلارنى مەسىھ ئارقىلىق قۇتقۇزىدۇ؛ مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ ئەللەرنىڭ (ئەمەلىيەتتە، دەججالنىڭ) يېرۇسالېمدا يىغىلغان بارلىق قوشۇنلىرىنى يوقىتىدۇ؛

(ج) مەسىھ يېرۇسالېمنى مەركەز قىلىپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى يەر يۈزىدە بەرپا قىلىدۇ.

بۇنداق ئىشلار تېخى يۈز بەرمىدى.

بۇ 12-14-بابلارنىڭ كۆپ قىسمىدا زەكەرىياغا تاپشۇرۇلغىنى بېشارەتلىك رەسىملەر ياكى سىمۋوللار ئەمەس، بەلكى بىۋاستە كەلگۈسىدىكى ۋەقەلەر ئالدىنئالا ئېيتىلغان ۋەھىي بولغاچقا، بېشارەتلەرنى شەرھ قىلىش كىتابنىڭ باشقا يەرلىرىنى شەرھ قىلىشتىن ئاسانراق بولىدۇ. شۇڭا بىز پەقەت (ئا) بېشارەتلەرنى مۇقەددەس تەۋراتتىكى باشقا مۇناسىۋەتلىك يازمىلار بىلەن سېلىشتۇرىمىز؛ (ئە) ئارقا كۆرۈنۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان خەۋەرلەر ياكى قىزىق نۇقتىلار بولسا شۇ توغرۇلۇق توختىلىمىز؛ (ب) بېشارەتلەردىكى بەزى ئاجايىب ھەقىقەتلەر ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز.

(1-ئايەت) «پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىل توغرۇلۇق سۆزىدىن يۈكلەنگەن بېشارەت: ــ

ئاسمانلارنى يايغۇچى، يەرنىڭ ئۇلىنى سالغۇچى، ئادەمنىڭ روھىنى ئۇنىڭ ئىچىدە ياسىغۇچى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ»

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بىر بېشارەت «يۈكلەنگەن» بولسا ئادەتتە تەسىرى زور، دەھشەتلىك بىر خەۋەر يەتكۈزىدۇ. مۇشۇ ئايەتتە پەرۋەردىگارنىڭ ئاسمان-زېمىننى ۋە ئىنسانني يارىتىشتىكى ئۇلۇغ ئەمەلىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى مۇشۇ ئايەتتىكى ۋەقەلەرنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئالەمشۇمۇل ئىشلار بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«مانا، مەن يېرۇسالېمنى ئەتراپىدىكى بارلىق ئەللەرگە كىشىلەرنى دەككە-دۈككىگە سالىدىغان ئاپقۇر قىلىمەن؛ يېرۇسالېمغا چۈشىدىغان مۇھاسىرە يەھۇداغىمۇ چۈشىدۇ.» (2-ئايەت).

مۇقەددەس يازمىلاردىكى كۆپ يەرلەردە «قەدەھ» (ياكى «ئاپقۇر») دېگەن سۆز خۇدانىڭ جازاسىغا ۋەكىل بولىدۇ؛ مەسىلەن زەبۇردا: «چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ قولىدا بىر قەدەھ تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىكى شاراب كۆپۈكلىشىدۇ؛ ئۇ ئەبجەش شاراب بىلەن تولدى؛ خۇدا ئۇنىڭدىن تۆكىدۇ؛ دەرۋەقە يەر يۈزىدىكى بارلىق رەزىللەر دۇغىنى قويماي ئۇنى ئىچىۋېتىدۇ» دېيىلىدۇ («زەبۇر» 75:8)

«يەش.» 51:21-23دە بۇ جازالار پەقەت ئىسرائىلنىڭ بېشىغا چۈشكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئەللەرنىڭ بېشىغا چۈشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ: ــ

«شۇڭا ھازىر بۇنى ئاڭلاپ قوي، ئى خار بولغان، ــ مەس بولغان،
بىراق شاراب بىلەن ئەمەس: ــ
ئۆز خەلقىنىڭ دەۋاسىنى يۈرگۈزگۈچى رەببىڭ پەرۋەردىگار، يەنى
سېنىڭ خۇدايىڭ مۇنداق دەيدۇ: ــ
«مانا، مەن قولۇڭدىن ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان جام-قەدەھنى،
يەنى قەھرىمگە تولغان قەدەھنى ئېلىۋالدىم؛ سەن ئىككىنچى
ئۇنىڭدىن ھېچ ئىچمەيسەن؛ مەن ئۇنى سېنى خار قىلىۋاتقانلارنىڭ
قولىغا تۇتقۇزىمەن؛ ئۇلار ساڭا: «بىز ئۈستۈڭدىن دەسسەپ ئۆتىمىز،
ئېگىلىپ تۇر» دېدى؛ شۇنىڭ بىلەن سەن تېنىڭنى يەر بىلەن تەڭ
قىلىپ، ئۈستۈڭدىن ئۆتكۈچىلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭنى كوچىدىكى يول
قىلدىڭ».

بۇ ئايەتلەردە «قەدەھ» تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما زەكەرىيانىڭ بېشارىتىدە ئۇ «قەدەھ» ئەمەس، بەلكى «ئاپقۇر» دېيىلىدۇ؛ ــ دېمەك، جازانىڭ كۆلىمى «قەدەھ»تىن چوڭ بولىدۇ، بارلىق ئەللەرنىڭ ئۇنىڭدىن بىر-بىرلەپ ئىچىشىگە بىر ئاپقۇر بولۇشى لازىم (بۇ سۆز «مىس.» 22:12، «2سام.» 28:17 ۋە «1پاد.» 50:7دىمۇ ئىشلىتىلىپ، ئىبرانىي تىلىدا ئاپقۇرنى كۆرسىتىدۇ).

يەھۇدا يېرۇسالېمغا ئوخشاش، مۇھاسىرىدە جاپا تارتىدۇ: «يېرۇسالېمغا چۈشىدىغان مۇھاسىرە يەھۇداغىمۇ چۈشىدۇ».

«شۇ كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، مەن يېرۇسالېمنى بارلىق ئەللەرگە ئېغىر يۈك بولغان تاش قىلىمەن؛ كىم ئۇنى ئۆزىگە يۈكلىسە يارىلانماي قالمايدۇ؛ يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر ئۇنىڭغا جەڭ قىلىشقا يىغىلىدۇ» (3-ئايەت).

«شۇ كۈنى» دېگەن سۆز بۇ 12-14-بابلاردا 21 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. ئوقۇرمەنلەر مۇقەددەس كىتابتا ئۇنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»، «رەببىنىڭ كۈنى»، «مەسىھنىڭ كۈنى» دەپمۇ ئاتىلىپ، مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىنىڭ كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى يېقىن مەزگىلىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «ئىنسانىنىڭ كۈنى»، يەنى «ئىنسانلارنىڭ تەكەببۇرلاشقان كۈنلىرى» شۇ چاغدا تۈگىگەن بولىدۇ («يەش.» 2:9-22، «1كور.» 3:4 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ).

مۇشۇ 3-ئايەتتە يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىدىغانلار «بارلىق ئەللەر» دەپ ئاتىلىدۇ. يېرۇسالېم ئۇلارغا نىسبەتەن «ئېغىر يۈك بولغان تاش»قا ئوخشىتىلىدۇ. بارلىق ئەللەر يېرۇسالېمنى يۆلىنى توسۇۋالغان بىر تاشلا دەپ قاراپ: «ئۇنى ئېلىپلا تاشلىۋېتىپ، ئۆتۈپ كېتەيلى» دەپ ئويلادۇ؛ ئەمما شۇ تاش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىن تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئۇنى كۆتۈرمەكچى بولغاندا قوللىرىدىن چۈشۈپ كېتىپ بەدەنلىرىنى قاتتىق سۈرۈپ يارىلاندۇرىدۇ.

ئەللەرنىڭ ئاخىرقى زاماندا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسلىرى بىلەن ئىسرائىلغا ياكى يېرۇسالېمغا يىغىلىپ ھۇجۇم قىلماقچى بولىدىغانلىقىنى باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ ئالدىنئالا ئېيتىدۇ: —

«بۇلار (پاقىغا ئوخشايدىغان ئۈچ ناپاك روھ) مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسىتىدىغان جىنلارنىڭ روھلىرى بولۇپ، پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارنى ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ دەھشەتلىك كۈنىدىكى جەڭگە جەم قىلىشقا ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى» («ۋەھ.» 14:16).

«شۇنى ئەللەر ئارىسىدا جاكارلاڭلاركى، «جەڭگە تەييارلىنىڭلار، پالۋانلارنى قوزغاڭلار، جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى يېقىنلاشسۇن، جەڭگە ھازىر بولسۇن؛

ساپان چىشلىرىنى قىلىچ قىلىپ، ئورغاقلىرىڭلارنى نەيزە قىلىپ سوقۇشۇڭلار؛

ئاجىز ئادەممۇ: «مەن كۈچلۈك» دېسۇن؛

تېزدىن كېلىڭلار، ئەتراپتىكى ھەممە ئەللەر، ھەممىڭلار بىر يەرگە جەم بولۇڭلار» («يو.» 3:9-12).

ئىسرائىلنىڭ شۇنداق قىستىلىپ قالغان شۇ پەيتى خۇدانىڭ ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. «زەبۇر» 118-كۈيدە «شۇ كۈن» كۆرسىتىلىدۇ: —

«قىستاقتا قېلىپ ياھ (پەرۋەردىگار)قا نىدا قىلدىم؛ (ئىبرانىي تىلىدا شۇ «قىستاقتا قېلىپ» «زەك.» 2:12دىكى «چۆشىدىغان مۇھاسىرە»گە ئوخشاش سۆز)

ياھ جاۋاب قىلىپ، مېنى كەڭرى-ئازادىلىكتە تۇرغۇزدى.
پەرۋەردىگار مەن تەرەپتىدۇر، مەن قورقمايمەن؛
ئىنسان مېنى نېمە قىلالىسۇن؟
... بارلىق ئەللەر مېنى قورشىۋالدى؛
بىراق پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن؛
ئۇلار مېنى قورشىۋالدى، شۇنداق، قورشىۋالدى؛
بىراق پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن مەن ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن؛
ئۇلار ھەرىلەردەك مېنى قورشىۋالدى؛ ئۇلار يېقىلغان يانتاق ئوتىدەك تېزلا ئۆچۈرۈلىدۇ؛
پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن مەن ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن»

4-ئايەت: ــ «شۇ كۈنى مەن ھەممە ئاتلارنى ساراسىمىگە سېلىپ، ئاتلىقلارنى ساراڭ قىلىپ ئۇرىمەن؛ بىراق يەھۇدا جەمەتىنى كۆزۈمدە تۇتىمەن؛ ئەللەردىكى ھەربىر ئاتنى بولسا كورلۇق بىلەن ئۇرۇۋېتىمەن». «ساراسىمە»، «ساراڭلىق» ۋە «كورلۇق» ئىسرائىل ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزى ئىچىشى كېرەك بولغان «قەدەھ» (ياكى «ئاپقۇر»)نىڭ ئىچىدە بار ئىدى: «پەرۋەردىگار سېنى ساراڭلىق، كورلۇق ۋە پاراكەندىلىك بىلەن ئۇرىدۇ» («قان.» 28:28). لېكىن زىئوننىڭ «جەبىر-جاپالىق ۋاقتى ئاخىرلاشقان، ئۇنىڭ قەبىھلىكى كەچۈرۈم قىلىنغان ۋاقتى»، يەنى «خۇدا ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتىدىغان ۋاقتى» كەلگەندە («يەش.» 2:40) خۇدا بۇ جازالارنىڭ پەقەت ئىسرائىلنىڭ بېشىغا چۈشكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئەللەرنىڭ بېشىغا چۈشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ: ــ
«... مەن قولۇڭدىن ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان جام-قەدەھنى، يەنى قەھرىمگە تولغان قەدەھنى ئېلىۋالدىم؛ سەن ئىككىنچى ئۇنى ھېچ ئىچمەيسەن؛ مەن ئۇنى سېنى خار قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزىمەن» دەيدۇ («يەش.» 51:21-23).

خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىكى ئەڭ كۈچلۈك جەڭ قوراللىرى، يەنى «ئەگۈشتەر»ى بولغان ئات هازىر دەل ئۇلارنى هالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى ۋاستە بولۇپ قالىدۇ. باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، ئاخىرقى زامانلار توغرۇلۇق بېشارەتلەردە «زامانىۋى قوراللار»نىڭ پۈرىقى يوق، دەپ قارايمىز: —

«شۇنى دەپ ئۆتىمىزكى، تەۋرات ۋە ۋەھىيدىكى كۆپ بېشارەتلەردە تىلغا ئېلىنغان قوراللار زامانىۋى قوراللار ئەمەس، بەلكى قەدىمكى قوراللاردۇر. بىز جەزم قىلالمىساقمۇ، ئاخىرقى زاماندىكى ۋابالاردىن بىرى «پەن-تېخنىكىلىق» ئۆرۈشنى چەكلىيەلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمىز (ئەمەلىيەتتە ماتورلاردەك تۆرلۈك ئاددىي ئېلېكتر يوللىرى، جۈملىدىن بارلىق كومپيۇتېرلار بىرلا ماگنېتلىق زەربە دولقۇنىدا ئاسانلا كاردىن چىقىرىلىدۇ. ئۇنداق زەربە دولقۇنى يادرو پارتلاشتىن، قۇياشنىڭ «پارتلاش يالقۇنى»دىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن» («ۋەھىي»دىكى قوشۇمچە سۆز»دىن).

زەكەرىيانىڭ بۇ بېشارىتىدىمۇ شۇنداق كۆرۈلىدۇ.

5-ئايەتتە: «بىراق يەھۇدا جەمەتىنى كۆزۈمدە تۇتىمەن» دېيىلىدۇ. بۇنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلساق: «كۆزلىرىمنى يەھۇدا جەمەتى ئۈستىگە ئاچىمەن» دېگەنلىك بولىدۇ. «يەھۇدا جەمەتى»، شۈبھىسىزكى، پۈتكۈل خەلققە ۋەكىل قىلىنىدۇ. ئىنجىلنى ئوقۇغانلارنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، ئەيسانىڭ مۇخلىسى پېترۇس ئۇنىڭدىن ئۈچ قېتىم «تونۇمايمەن» دەپ تانغاندىن كېيىن، رەببىمىز بۇرۇلۇپ پېترۇسقا «تىكىلىپ قاراپ قويدى». رەببىمىزنىڭ شۇ بىر قېتىملىق تىكىلىپ قاراپ قويۇشى پېترۇسنىڭ تاش يۈرىكىنى ئېرىتىپ ئۇنى قاتتىق تووۋا قىلىشقا ئېلىپ باردى («لۇقا» 61:22، 62). مۇشۇ يەردىمۇ، پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى ئىسرائىلغا مەسىھ ئەيسانىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق تىكىلىپ قاراپ قويۇشى ئۇلاردا ئوخشاش نەتىجە هاسىل قىلىشى كېرەك؛ بۇ ئىش ئۇشبۇ بابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا تەپسىلىي ئېيتىلىدۇ.

5-ئايەت: — «شۇنىڭ بىلەن يەھۇدانىڭ يولباشچىلىرى كۆڭلىدە: «يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار بولغان ئۇلارنىڭ خۇداسى ئارقىلىق ماڭا كۈچ بولىدۇ» دەيدۇ».

يەھۇدانىڭ يولباشچىلىرى «يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار»نىڭ ئۆزلىرىگە «كۈچ بولغانلىقى» ئۇلاردا مەلۇم ئالاھىدىلىكنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ يېرۇسالېمنى تاللىغانلىقىدىن بولىدۇ، دەپ بىلىدۇ. چۈنكى خۇدا يېرۇسالېم توغرۇلۇق: «مەن يېرۇسالېمغا رەھىم-شەپقەتلەر بىلەن قايتىپ كەلدىم» – دېگەنىدى (12:10نى 16:1، 12:2 ۋە 2:3 بىلەن سېلىشتۇرۇڭ). مانا بۇلار زەبۇردىكى 46-كۈينىڭ تۆپتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدۇر: –
«خۇدا ئۇنىڭ (زىئون شەھىرىنىڭ) ئوتتۇرىسىدىدۇر؛ ئۇ ھەرگىز تەۋرەنمەيدۇ؛
خۇدا تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئۇنىڭغا ياردەمگە كېلىدۇ» («زەب.» 5:46).
6-7-ئايەت: – «شۇ كۈنى مەن يەھۇدانىڭ يولباشچىلىرىنى ئوتۇنلار ئارىسىدىكى ئوتداندەك، ئۆنچىلەر ئارىسىدىكى مەشئەلدەك قىلىمەن؛ ئۇلار ئەتراپىدىكى بارلىق ئەللەرنى، يەنى ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكىلەرنى يەۋېتىدۇ؛ يېرۇسالېمدىكىلەر يەنە ئۆز جايىدا، يەنى يېرۇسالېم شەھىرىدە تۇرىدىغان بولىدۇ. پەرۋەردىگار ئاۋۋال يەھۇدانىڭ چېدىرلىرىنى قۇتقۇزىدۇ؛ سەۋەبى ـ داۋۇت جەمەتىنىڭ شان-شەرىپى ھەم يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ شان-شەرىپى يەھۇدانىڭكىدىن ئۇلۇغلانماسلىقى ئۈچۈندۇر.».
زېمىندا تۇرۇۋاتقان پۈتكۈل خەلقنىڭ ۋەكىلى بولغان «يەھۇدا»لار (مۇشۇ يەردە «يېرۇسالېمدىكىلەر»نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) «ئاۋۋال قۇتقۇزۇلىدۇ». سەۋەبى بىرىنچىدىن ئۇلارنىڭ ئاجىز، مۇداپىئەسىز ھالىتىدىن (ئۇلار سېپىل ئىچىدە ئەمەس، «چېدىرلار»دا تۇرۇۋاتىدۇ). ئىككىنچىدىن، خۇدانىڭ ئۇلارغا ئاۋۋال شۇ ئىلتىپاتىنى كۆرسەتكىنى يېرۇسالېمدىكىلەردە، شۇنداقلا داۋۇت جەمەتىدىكىلەردە ھېچ تەكەببۇرلۇق پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن بولىدۇ. چۈنكى «داۋۇتنىڭ جەمەتىدىكىلەر»مۇ شاھانە نەسلىدىن بولغاچقا، ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇشى مۇمكىن، يېرۇسالېمدىكىلەر «پەرۋەردىگار يېرۇسالېمنى ئالاھىدە تاللىۋالغان شەھەر» دەپ تەكەببۇرلۇق قىلىشى مۇمكىن. ئەمما خۇدانىڭ تاللىشى ئۆز شاپائىتىگە ئاساسلانغان بولغاچقا، بۇ نۇقتا بارلىق چۈشەنگەنلەردە تەكەببۇرلۇق ئەمەس، بەلكى كەمتەرلىكنى ھاسىل قىلىش كېرەك. شۇڭا «يەھۇدا»دىكىلەر ۋە يېرۇسالېمدىكىلەر كىچىك

پىئىللىق بىلەن «نۇسرەت پەرۋەردىگارنىڭكىدۇر» دەپ ئۇنىڭ شاپائىتىنىلا داڭلايدۇ.

لېكىن خۇدانىڭ يەھۇدادىكىلەرنى قوغدىشى ئۇنىڭ «ئاۋۋالقى» ھەرىكىتىلا، خالاس. جەددىي جەڭ كۆرەشلىرى يېرۇسالېمنىڭ سېپىللىرىنىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ: —

«شۇ كۈنى پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنى قوغدايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەلەڭشىپ قالغانلارمۇ شۇ كۈنى داۋۇتتەك پالۋان بولىدۇ؛ داۋۇت جەمەتى بولسا خۇدادەك، يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىدەك كۈچلۈك بولىدۇ» (8-ئايەت).

شەھەردىكىلەرگە مۇداپىئە بولغۇچى ئۇلارنىڭ سېپىللىرى ياكى ئىستىھكاملىرى ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىدۇر. كېيىن 8:13، 9 ۋە 1:14-6دىن كۆرىمىزكى، ئەللەر تاجاۋۇز قىلىپ، شەھەرنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىدۇ ۋە شەھەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ سۈرگۈن قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە، دۈشمەن ئۇلارنى «ئىسرائىلنىڭ نامى ئىككىنچى تىلغا ئېلىنمىسۇن!» دەپ يوقىتىشقا ئەڭ ئاخىرقى مۇشت سېلىشقا بىلىكىنى كۆتۈرگەندە («زەب.» 4:83) دەل شۇ چاغدا پەرۋەردىگار مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزىدە ئۇلارغا كۆرۈنىدۇ.

پەرۋەردىگارنىڭ شۇنداق قول سېلىشى بىلەن دۈشمەننىڭ كۆتۈرگەن بىلىكى شۇ ھامان «پۇتۇنلەي يىگىلەيدۇ»؛ شۇڭا «تىرىك قالغان خەلق شەھەردىن ئېلىپ كېتىلمەيدۇ» (2:14).

«چۈنكى پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېگەن: —

«ئۇۋنى تۇتۇۋالغان شىر ياكى ئارسلاننى بىر تەرەپ قىلىشقا توپ-توپ پادىچىلار چاقىرىلغاندا،

شىر ياكى ئارسلان ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىدىن ھېچ قورقماي،
شاۋقۇنلىرىدىن ھېچ ھودۇقماي،
بەلكى ئۇۋنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ غار-غۇر تاللىغىنىدەك،
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارمۇ ئوخشاشلا زىئون تېغى ۋە ئېگىزلىكلىرى ئۈچۈن چۈشۈپ جەڭ قىلىدۇ.
ئۇستىدە پەرۋاز قىلىدىغان قۇشلاردەك ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئۆز قانىتى ئاستىغا يېرۇسالېمنى ئالىدۇ؛
قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، زىئوننى قۇتقۇزىدۇ؛

ئۇنىڭ «ئۆتۈپ كېتىشى» بىلەن زىئون نىجاتلىنىشقا ئېرىشىدۇ» («يەش.» 4:31، 5).

پەرۋەردىگار ئۆزى «چىقىپ شۇ ئەللەر بىلەن ئۇرۇشۇپ»لا قالماي، بەلكى خەلقتىن ئەك ئاجىزى («ئەلەڭشىپ قالغانلار») ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مەسىھنى تونۇپ يەتكەچكە «شۇ كۈنى» ئىسرائىلنىڭ قەھرىمانلىرىدىن ئەڭ ئۇلۇغى «داۋۇتتەك پالۋان» بولىدۇ ۋە «داۋۇت جەمەتى بولسا خۇدادەك، يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىدەك» ــ يەنى قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئىسرائىلنىڭ «ئالدىدا مېڭىپ» ئۇلارنى قىزىل دېڭىز ۋە چۆل-باياۋاندىن ئۆتكۈزۈپ باشلاپ كەلگەن، دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغۇچىدەك «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»دەك كۈچلۈك بولىدۇ.

«خۇدادەك، يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىدەك» دېگەن ئىبارىدە پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ خۇدالىق تەبىئىتىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر ئىنىق بايان باردۇر.

شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئارقىلىق «رەقىبلىرىمىزنى ھەيدىۋېتىشى» ۋە «نامى بىلەن ئۆزىمىزگە قارشى تۇرغانلارنى چەيلىشى» ئەجەب ئەمەس («زەب.» 4:44، 5، 12:60)

9-ئايەت: ــ «شۇ كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، يېرۇسالېمغا جەڭ قىلىشقا كەلگەن بارلىق ئەللەرنى ھالاك قىلىشقا كىرىشىمەن». خۇدا نېمە ئىشقا كىرىشكەن بولسا ئۇنى تاماملايدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئىسرائىلنىڭ چوڭ روھىي كىرىزىسى

ئۆتكەن زامانلاردا «يەشۇرۇن» (ئىسرائىل) «يەر يۈزىنىڭ ئېگىز جايلىرىغا مىندۈرۈلگەن»دىن كېيىن ئۇ «سەمرىپ تەپكەك بولۇپ قالدى؛ بەرھەق، سەن سەمرىپ كەتتىڭ، بورداقلىپ كەتتىڭ، تويۇنۇپ كەتتىڭ! ئۇ ئۆزىنى ياراتقان خۇدانى تاشلاپ، ئۆز نىجاتىنىڭ قورام تېشىنى كۆزگە ئىلمىدى» («قان.» 15:32). لېكىن بېشارەتتىكى ئىشلاردىن كېيىن ئىسرائىلدا

قەتئىي ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى قەدىمكى بىر ئالىم دېگەندەك: «ئۇ ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى بوسۇندۇرۇشقا كەلگۈچى ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا كېلىدۇ»: —

«شۇ كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، يېرۇسالېمغا جەڭ قىلىشقا كەلگەن بارلىق ئەللەرنى ھالاك قىلىشقا كىرىشىمەن. ۋە مەن داۋۇت جەمەتى ۋە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ئۈستىگە شاپائەت يەتكۈزگۈچى ۋە شاپائەت تىلىگۈچى روھنى قۇيىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى سانجىپ ئۆلتۈرگەن ماڭا يەنە قارايدۇ؛ بىرسىنىڭ تۇنجى ئوغلى ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغا-زار كۆتۈرگەندەك ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغا-زار كۆتۈرىدۇ؛ يەككە-يېگانە ئوغلىدىن جۇدا بولغۇچىنىڭ دەرد-ئەلەم تارتقىنىدەك ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دەرد-ئەلەم تارتىدۇ. شۇ كۈنى يېرۇسالېمدا غايەت زور يىغا-زار كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇ مەگىددو جىلغىسىدىكى «خاداد-رىممون»دا كۆتۈرۈلگەن يىغا-زاردەك بولىدۇ. زېمىن يىغا-زار كۆتۈرىدۇ؛ ھەربىر ئائىلە ئايرىم ھالدا يىغا-زار كۆتۈرىدۇ. داۋۇت جەمەتى ئايرىم ھالدا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم ھالدا، ناتان جەمەتى ئايرىم ھالدا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم ھالدا؛ لاۋىي جەمەتى ئايرىم ھالدا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم ھالدا؛ شىمەي جەمەتى ئايرىم ھالدا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم ھالدا؛ بارلىق تىرىك قالغان ئائىلىلەر، يەنى ھەربىر ئائىلە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئايرىم ھالدا يىغا-زار كۆتۈرىدۇ» (10-14-ئايەت).

بىزگە ئىسرائىلنىڭ بۇ يىغا-زار كۆتۈرگىنى ۋە 13-بابتا بېشارەت قىلىنغان تاۋلىنىش جەريانى 1-9-ئايەتلەردىكى ۋەقەلەردىن ئاۋۋال كەلسە كېرەك. «شۇ كۈنى پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنى قوغدايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەلەڭشىپ قالغانلارمۇ شۇ كۈنى داۋۇتتەك پالۋان بولىدۇ؛ داۋۇت جەمەتى بولسا خۇدادەك، يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىدەك كۈچلۈك بولىدۇ» دېگەن ئىشلار يۈز بېرىشى ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ خۇدا بىلەن ئالاقىسى بولۇشى كېرەك؛ توۋا قىلمىغان كىشىنىڭ خۇدا بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتۇر. ئىسرائىل خۇداغا قاراپ توۋا قىلىپ يىغا-

زارلارنى كۆتۈرمىگەن بولسا، خۇدا قانداقمۇ ئۇلارنى كۈچلەندۈرەتتى؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزۇلغان كۈندە مەسىھ ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بولۇپ كۆرۈنىدۇ (3:14-4نىمۇ كۆرۈڭ)؛ شۇ چاغدا بولسا خۇدا ئالاھىدە بىر ئىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەسىھكە «تىكىلىپ قاراش»ى ئۈچۈن ئۇنى مۇقەددەس روھى ئارقىلىق ئۇلارغا ئايان قىلىشىنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ؛ دېمەك، 10-14-ئايەتتە تەسۋىرلەنگەندەك «شاپائەت يەتكۈزگۈچى ۋە شاپائەت تىلىگۈچى روھ»نىڭ ۋاستىسىنى ئىشلىتىشىنىڭ ھېچ ھاجىتى قالمايتتى. شۇڭا، شۇ ئىشلارنىڭ تەرتىپى جەزمەن يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بولۇشى كېرەك.

خۇدانىڭ روھى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلۇشى «يەش.» 3:44، «ئەز.» 29:39، 26:36-27دىمۇ ئېيتىلىدۇ؛ نەتىجىدە، ئۇلار ئىچ-ئىچىدىن خۇداغا نىدا قىلىدۇ.

كۆرۈنۈشتە مەزكۇر ئايەتلەردە سۆزلىگۈچى خۇدادىن باشقا بىرسى ئەمەستۇر؛ ئۇ: «ئۇلار ئۆزلىرى سانجىپ ئۆلتۈرگەن ماڭا يەنە قارايدۇ» دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ بىردىنبىر مۇمكىن بولغان چۈشەندۈرۈلۈشى مەسىھ ئەيسانىڭ: «مەن ۋە ئاتا ئەسلىدىنلا بىردۇرمىز» دېگەن سۆزىدۇر («يۇھ.» 30:10).

مۇشۇ 10-ئايەتتىكى «قارايدۇ» دېگەن سۆز خۇدا تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەندە «ئېتىقاد بىلەن قاراش» ياكى «چوڭقۇر ئويلاپ قاراش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ مەسىلەن، «چۆلدە يۈرۈش» 9:21دە: «مۇسا مىستىن بىر مىس يىلان ياسىتىپ خادىغا ئېسىپ قويدى؛ ۋە شۇنداق بولدىكى، يىلان بىركىمنى چېقىۋالغان بولسا، ئۇ بۇ مىس يىلانغا قارىسىلا، ئۇلار ھايات قالدى».

«مۆمىنلەر ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ نۇرلاندى» («زەب.» 5:34)

«سىلەرنى كولاپ چىقارغان ئورەككە نەزەر سېلىڭلار» («يەش.» 1:51)

10-ئايەتتىكى «سانجىغان» ياكى «سانجىپ ئۆلتۈرگەن» دېگەن سۆز دائىم دېگۈدەك ئەجەللىك يارىلاندۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ؛ مۇشۇ يەردە بۇنىڭدا گۇمان يوق، چۈنكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئىشلار ماتەمدىكى يىغا-زارلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. «يەككە-يېگانە ئوغلىدىن جۇدا بولغۇچىنىڭ دەرد-ئەلەمى»دىنمۇ ئارتۇق دەرد-ئەلەم بولامدۇ؟ مەسىھ ئىسرائىل ئۈچۈن دەل «ۋەدە قىلىنغان يەككە-يېگانە بالا» ئەمەسمۇ؟ («يەش.» 6:9) ـ ئۇلار ئۇنىڭ دۇنياغا تۇغۇلۇشىغا ئىبراھىم

ئىسھاقنىڭ تۇغۇلۇشىغا تەشنا بولغاندەك تېخىمۇ تەشنا بولغان ئەمەسمۇ؟ بۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرد-ئەلەم بولمامدۇ؟ — «ئى خەلقىمنىڭ قىزى، سەن ئۆزۈڭگە بۆز كىيىم كىيىۋال، كۈللەر ئىچىدە ئېغىناپ يات؛ ئۆزۈڭنىڭ بىر تال ئوغلۇڭدىن جۇدا بولغاندەك قاتتىق يىغلاپ ماتەم تۇت» دېيىلگەندەك («يەر.» 26:6).

مانا بۇ ئىسرائىلنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەسىھىنى چەتكە قاققانلىقىدىن بولغان دەرد-ئەلەمدۇر. شۇ دەرد-ئەلەمنى پۈتۈن خەلق ئومۇمىيۈزلۈك تارتىدىغان ھەم ھەربىر ئادەم ئايرىم-ئايرىم تارتىدىغان بولىدۇ؛ ھەتتا ئەر ۋە ئاياللىرى ئايرىم-ئايرىم يىغا-زار كۆتۈرىدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆتۈرىدىغان يىغا-زارلىرى «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر»نىڭ يازمىلىرىدىمۇ ئالدىنئالا كۆرسىتىلىدۇ؛ مەسىلەن: —

«ھېيتلىرىڭلارنى مۇسىبەتكە، ھەممە ناخشىلىرىڭلارنى ئاھ-زارلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن؛
ھەممە ئادەمنىڭ چاترىقى ئۈستىنى بۆز رەخت بىلەن ئورىغۇزىمەن،
ھەر بىر ئادەمنىڭ بېشىدا تاقىرلىق پەيدا قىلىمەن؛
بۇ ماتەمنى يەككە-يېگانە بىر ئوغۇلنىڭ ماتىمىدەك،
ھېيتنىڭ ئاخىرىنى دەرد-ئەلەملىك بىر كۈن قىلىۋېتىمەن» («ئاموس» 10:8)

يىغا-زارنىڭ مەزمۇنىنى يەشايا پەيغەمبەر ئالدىنئالا ئېيتىدۇ: —

«ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ؛ ئۇ كۆپ دەرد-ئەلەملىك ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئازاب-ئوقۇبەت يار بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن يۈزلەر قاچۇرۇلىدۇ؛ ئۇ كەمسىتىلىدۇ، بىز ئۇنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس دەپ ھېسابلىدۇق.
بىراق ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ بىزنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىمىزنى كۆتۈردى، ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.
بىز بولساق، بۇ ئىشلارنى ئۇ ۋاباغا ئۇچرىغان، خۇدا تەرىپىدىن جازالىنىپ ئۇرۇلغان، شۇنداقلا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقىدىن دەپ قارىدۇق!

لېكىن ئۇ بىزنىڭ ئاسىيلىقلىرىمىز تۈپەيلىدىن يارىلاندى، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن زەخىملەندى؛ ئۇنىڭ جازالىنىش بەدىلىگە، بىز ئارام-خاتىرجەملىك تاپتۇق، ھەم قامچىدىن بولغان يارىلىرى بەدىلىگە بىز شىپالىق تاپتۇق.

ھەممىمىز خۇددى قويلاردەك يولدىن ئېزىپ، ھەربىرىمىز ئۆزىمىز خالىغان يولغا ماڭغانىدۇق؛ بىراق پەرۋەردىگار ھەممىمىزنىڭ قەبىھلىكىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىپ يۈكلىدى» («يەش.» 53-بابتىن).

10-14-ئايەتلەردىكى بىر-ئىككى نۇقتىنى يەنە ئىزاھلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ: —

(1) ئىسرائىلنىڭ مەسىھ ئۈچۈن كۆتۈرگەن يىغا-زارلىرى «مەگىددو جىلغىسىدىكى «خاداد-رىممون»دا يىغا-زارنىڭ كۆتۈرۈلگىنى»گە ئوخشىتىلىدۇ. «مەگىددو جىلغىسى»دا «خاداد-رىممون»دىكى «يىغا-زار» بولسا شۈبھىسىزكى ئىخلاسمەن ياش پادىشاھ يوسىيانىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى تۈپەيلىدىن شۇ يەردە بولغان ماتەمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پىرەۋن-نەكو تەرىپىدىن «مەگىددو جىلغىسى»دا ئۆلتۈرۈلگەنىدى. يوسىيا پادىشاھ دەل ئىخلاسمەنلىكى تۈپەيلىدىن يەھۇدا پادىشاھلىقىنىڭ «ئاخىرقى ئۈمىدى» دەپ ھېسابلىناتتى؛ شۇڭلاشقا يوسىيانىڭ ئۆلۈمى بىلەن پۈتكۈل خەلق زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى. زەكەرىيانىڭ دەۋرىگىچە ئىسرائىل ھەر يىلى يوسىيا ئۈچۈن ماتەم تۇتاتتى («2پاد.» 29:9-30، «2تار.» 20:35-27نى كۆرۈڭ).

(2) مەسىھ ئۈچۈن تۇتۇلغان چوڭ ماتەم يېرۇسالېمدا باشلىنىپ، پۈتكۈل زېمىنغا تارىلىدۇ؛ تۆت جەمەتنىڭ ماتەم تۇتۇشلىرى ئالاھىدە كۆرسىتىلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

بىزنىڭچە، خەلقنىڭ ھۆكۈمران يېتەكچىلىرى ۋە روھىي يېتەكچىلىرى بولغان لاۋىيلار ۋە كاھىنلار ئۆتكەن زامانلاردا خەلققە ئىنتايىن ئوسال ئۈلگە بولغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھازىر ياخشى ئۈلگە بولغانلىقى تەكىتلىنىدۇ؛ خەلق دەرۋەقە ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. «داۋۇتنىڭ جەمەتى» ۋە «ناتاننىڭ جەمەتى» (ناتان داۋۇتنىڭ ئوغلى، سۇلايماننىڭ ئاكىسى ئىدى — «2سام.» 14:5، «لۇقا» 3:3) ھۆكۈمران يېتەكچىلەرگە ۋەكىل بولىدۇ، «لاۋىي جەمەتى» ۋە «شىمەي جەمەتى» كاھىنلارغا ۋەكىل بولىدۇ. شىمەي لاۋىينىڭ نەۋرىسى، گەرشوننىڭ ئوغلى ئىدى («چۆل.» 18:3). شىمەينىڭ جەمەتى ۋە ناتاننىڭ جەمەتىنىڭ تىزىملىكىگە ئېلىنىشىنىڭ سەۋەبى بەلكىم ماتەم

يىغا-زارلىرىنىڭ يوتكۈل ئائىلىسىدە ئەڭ يۇقىرى تەبىقىدىن ئەڭ تۆۋەن تەبىقىگىچە يېيىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.

شۇ چوڭ ماتەم تۇتۇشلار ئىچىدە ئۇلارغا ئاخىر بېرىپ بىردىنبىر تەسەللى بەرگۈچى دەل ئۇلار ماتەم تۇتقان رەب مەسىھنىڭ ئۆزى بولىدۇ. ئۇ شۇ كۈنىدە «خۇددى ئانا بالىسىغا تەسەللى بەرگەندەك... مەن شۇنداق ئۇلارغا تەسەللى بېرىمەن» («يەش.» 13:66، 1:40).

«خۇدانىڭ يولىدا بولغان ئازاب-قايغۇ ئادەمنى ھەرگىز پۇشايمان قىلمايدىغان نىجاتقا باشلايدىغان توۋىغا ئېلىپ بارىدۇ» («كورىنتلىقلار (2)» 7:9-11) – ئۇ ئۇلارنىڭ سۇنۇق قەلبىنى ياساپ (ساقايتىپ): «ئۇلارغا... ھەسرەت-قايغۇنىڭ ئورنىغا سۈركىلىدىغان شاد-خۇراملىق مېيىنى، غەشلىك-مەيۈسلۈك روھىنىڭ ئورنىغا مەدھىيە تونىنى كىيدۈرىدۇ...» («يەش.» 3:61). قەدىمكى زاماندا يۈسۈپ قېرىنداشلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغانلىقى توغرىسىدا تەسەللى بەرگەندەك (ئۇلارنىڭ شۇ تارىخىدا دەل مەسىھ بىلەن ئىسرائىلنىڭ تارىخى سۈرەتلىنىدۇ) مەسىھ شۇ چاغدا ئۆز قېرىنداشلىرىغا: «سىلەر دەرۋەقە ماڭا شۇ ئىشنى يامان نىيەت بىلەن قىلدىڭلار؛ لېكىن خۇدا بۈگۈنكى كۆندىكىدەك نۇرغۇنلىغان خەلقنىڭ جېنىنى تىرىك ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇ ئىشنى ياخشىلىققا بېكىتكەنىدى» دەيدىغان بولىدۇ («يار.» 5:45، 8، 20:50).

بۈگۈنمۇ «گۇناھلىرىمدىن قۇتقۇزۇلۇشىم كېرەك» دەپ بىلگەن ھەركىم كەلگۈسىدىكى ئىسرائىلغا ئوخشاش، ئىشەنچ-ئېتىقاد بىلەن مەسىھكە قارىشى كېرەك. چۈنكى ئەمەلىيەتتە بىزمۇ ئۆز گۇناھلىرىمىز بىلەن ئۇنى «سانجىپ ئۆلتۈرگەن»؛ ۋە بىزمۇ كەلگۈسىدىكى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش توۋا قىلىپ، بارلىق گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈمى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن مەسىھنىڭ شۇ ئۇلۇغ قۇربانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ ھەممىمىزگە: «ئى يەر-زېمىننىڭ چەت-ياقلىرىدىكىلەر، ماڭا قاراپ قۇتقۇزۇلۇڭلار!» دەيدۇ («يەش.» 22:45).

بۇ ئىشنى ئۇ قايتىپ كېلىشكە كىچىككىنە كېچىكىپ قالىمىز: – «مانا، ئۇ بۇلۇتلار بىلەن كېلىدۇ، شۇنداقلا ھەر بىر كۆز، ھەتتا ئۇنى سانجىغانلارمۇ ئۇنى كۆرىدۇ. يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل قەبىلە-خەلق ئۇ سەۋەبلىك ئاھ-زار

كۆتۈرىدۇ. بەرھەق شۇنداق بولىدۇ، ئامىن!» («ۋەھ.» 7:1) شۇ كۈندىكى «ئاھ-زارلار» پەقەت پۇشايمان-ھەسرەتتىن ئىبارەت بولىدۇ؛ تۇۋا قىلىش پۈرستى بالدۇرلا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

## 13-باب
## «ئېچىلغان بۇلاق»

13-بابتىكى 1-6-ئايەتلەرنىڭ 12-بابتىكى ئۇلۇغ بېشارەت بىلەن بىۋاستە ۋە زىچ مۇناسىۋىتى باردۇر.

12-بابتىكى ئاخىرقى ئايەتلەردە ئىسرائىلنىڭ ««شاپائەت يەتكۈزگۈچى ۋە شاپائەت تىلىگۈچى روھ»نىڭ ئۆز ئۈستىگە قويۇلۇشى بىلەن «سانجىپ ئۆلتۈرگەن» زاتنىڭ ئۈستىگە توۋا يىغا-زارلىرىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۇق. ھازىر دەل شۇ روھنىڭ ۋەھيى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ گۇناھدىن كەچۈرۈم قىلىنىش ۋە تازىلاش «بۇلاق»نى كۆرگىنىنى كۆرىمىز.

زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن ئىلگىرى يەشايا پەيغەمبەر «زېمىن بىر ئەلنى بىر كۈن ئىچىدىلا تۇغدىغان ئىش بارمۇ؟ دەقىقە ئىچىدىلا بىر ئەلنىڭ تۇغۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟» («يەش.» 8:66) دەپ سورىغانىدى. بۇ رىتورىك سوئال ھازار جاۋابىنى تاپىدۇ. زەكەرىيا پەيغەمبەر ئۆزى ئىلگىرى: «بۇ زېمىننىڭ قەبىھلىكىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلايمەن» دېگەن بېشارەتنى تاپشۇرۇۋالدى («زەك.» 9:3). شۇ بېشارەتنىڭ قانداق يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى مۇشۇ يەردە كۆرۈنىدۇ: –

«شۇ كۈنى داۋۇت جەمەتى ھەم يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن گۇناھنى ۋە پاسكىنىلىقنى يۇيىدىغان بىر بۇلاق ئېچىلىدۇ» (1-ئايەت).

«بۇلاق» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «ماكور» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سۆزنىڭ يىلتىزى «كولاش» دېگەن مەنىدە. «زەب.» 9:36دە تېپىلىدۇ: «سەندىلا باردۇر ھاياتلىق بۇلىقى»؛ «يەر.» 13:2 ۋە 13:17دە «كولاش» پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ: «ھاياتلىق سۇ مەنبەسى» ۋە «ھاياتلىق سۇلىرىنىڭ مەنبەسى» دەپ ئىشلىتىلىدۇ.

لېكىن مۇشۇ 1-ئايەتتە «هاياتلىق مەنبەسى» ئەمەس، بەلكى گۇناھنىڭ پاسكىنىلىقىنى يۇيىدىغان بىر بۇلاق كۆرسىتىلىدۇ. «چۆل.» 7:8دە ۋە 9:19دە ««كافارەت سۇيى» تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ سۇ لاۋىيلارنى ئۆز خىزمىتى ئۈچۈن «رەسمىي پاكلىنىش»قا ئىشلىتىلەتتى. كېيىن ئەزاكىيال پەيغەمبەر بۇ «كافارەت سۇيى»نى مۇقەددەس روھتىن بولغان روھىي پاكلىنىشقا ئوخشىتىپ، ئىسرائىلنىڭ ئاخىرقى زاماندىكى ھالىتى توغرىسىدا خۇدانىڭ نامىدا: «مەن سۇپ-سۈزۈك سۇنى ئۇستۈڭلارغا چاچىمەن، بۇنىڭ بىلەن سىلەر پاك بولىسىلەر. سىلەرنى ھەممە پاسكىنىلىقلاردىن ۋە بۇتلىرىڭلاردىن پاكلايمەن» دەپ بېشارەت بەرگەنىدى («ئەزاكىيال» 36-باب). ئەزاكىيال مۇشۇ يەردە كۆزدە تۇتقان «پاسكىنىلىق» جىسمانىي ياكى رەسمىي بىرخىل پاسكىنىلىق ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى، ئىچكى دۇنياسىنىڭ ناپاكلىقىدىن ئىبارەتتۇر. زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتىدە بولسا «سۇپ-سۈزۈك سۇ»نىڭ پەقەت «ئادەمنىڭ تېنىگە چېچىلىدىغان» سۇلا ئەمەس، بەلكى ئادەم ئۆزىنى پۈتۈنلەي يۇيىدىغان بىر بۇلاق ئىكەنلىكى ئايان قىلىنىدۇ. قايتىلايمىز، بۇ پاكلىنىش جىسمانىي ئەمەس، روھىي پاكلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەمدى «بۇلاق» دېگەن نېمە؟ بىز ئۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟ بۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمىدىكى «سانجىلغان يارىلىرى»دىن ئۇرغۇپ چىققان قىممەتلىك قېنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە: ــ «كونا ئەھدە دەۋرىدە ئۆچكە ۋە بۇقىلارنىڭ قېنى ھەم ئىنەكنىڭ كۈللىرى ناپاك بولۇپ قالغانلارنىڭ ئۈچىسىغا سېپىلسە، ئۇلارنى ئەت جەھەتتىن تازىلاپ پاك قىلغان يەردە، ئۇنداقتا، مەڭگۈلۈك روھ ئارقىلىق ئۆزىنى غۇبارسىز قۇربانلىق سۈپىتىدە خۇداغا ئاتىغان مەسىھنىڭ قېنى ۋىجدانىڭلارنى ئۆلۈك ئىشلاردىن پاك قىلىپ، بىزنى مەڭگۈ ھايات خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا تېخىمۇ يېتەكلىمەمدۇ؟!» («ئىبر.» 13:9).

مەسىھنى رەت قىلغاندا يەھۇدىي خەلقى ئىختىيارسىزلا، بىلىپ-بىلمەيلا: «ئۇنىڭ قېنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ۋە بالىلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە چۈشسۇن!» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ ئۆز-ئۆزىگە لەنەت چۈشۈرگەنىدى. لېكىن ئاخىرىدا ئۇنىڭ قىممەتلىك قېنى ئۇلارغا باشقىچە بولىدۇ ــ ئۆلۈم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھايات

ئۇچۇن، ئۇلارنى بۇلغاش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى پاكلاش ئۇچۇن «ئۇلارنىڭ ئۇستىدە» بولىدۇ.

ئەمدى ئىسرائىلنىڭ «گۇناھى ۋە پاسكىنىلىقى»نى يۇيىدىغان ئېقىن مەسىھنىڭ قېنى بولسا، ئۇنداقتا شۇ بۇلاق يىگىرمە ئەسىر ئىلگىرى ئەيسا كرېستلەنگەن «گولگوتا»دا ئېچىلغان ئەمەسمۇ؟ قانداقمۇ كەلگۈسىدىكى «بىر كۈن»دە ئېچىلسۇن؟ بىزنىڭ 9:3دىكى «بۇ زېمىننىڭ قەبىھلىكىنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلايمەن» دېگەن سۆز توغرىسىدىكى شەرھلىرىمىزنى كۆرۈڭ. گەرچە ئىنسانىنى پاكلايدىغان بۇلاق ئاللىقاچان ئېچىلغان بولسىمۇ، «شۇ كۈنى» ئۇ پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى ئۈچۈن ئېچىلىدۇ – چۈنكى شۇ كۈن «كورنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىدۇ» («يەش.» 5:35). ئىسرائىلنىڭ كۆزلىرى (دېمەك، پۈتكۈل خەلقنىڭ كۆزلىرى) خۇدانىڭ قوزىسى مەسىھنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇربانلىقىنىڭ تەڭداشسىز قىممىتى ۋە ئۈنۈمىنى كۆرۈشكە ئېچىلىدۇ.

خۇداغا تەشەككۇر! بۇلاق ئېچىلغاندىن كېيىن ھېچقاچان ئېتىلمەيدۇ (ئىبرانىي تىلىدا «ئېچىلىدۇ، ھەرگىز ئېتىلمەيدۇ» دېگەن سۆز شۇ مەنىدە).

پەيغەمبەر خەلقنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە ئەخلاق ناپاكلىقى ئېلىپ تاشلىنىشى توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەندىن كېيىن، ھازىر 2-6-ئايەتلەردە زېمىننى بۇلغايدىغان بارلىق تەسىرلەردىن پاكلىنىش توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ. چۈنكى «پەرۋەردىگار يەھۇدانى ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس زېمىنى»دا نېسىۋىسى ئۈچۈن مىراس قىلىدۇ ۋە يەنە يېرۇسالېمنى تاللىۋالىدۇ» (12:2). زېمىن «مۇقەددەس» بولۇش ئۈچۈن شۇنداق پاسكىنا تەسىرلەر ئېلىپ تاشلىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە: –

«شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، – دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، – مەن مەبۇدلارنىڭناملىرىنى زېمىندىن يوقىتىمەنكى، ئۇلار يەنە ھېچ ئەسلەنمەيدۇ؛ ۋە مەن پەيغەمبەرلەرنى ۋە پاسكىنا روھنىمۇ زېمىندىن چىقىرىپ يۆتكىۋېتىمەن» (2-ئايەت).

مەبۇدلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ناملىرى ۋە ئەسلەنگۈدەك بارلىق تەسىرلەر يوقىتىلىدۇ؛ ساختا پەيغەمبەرلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قۇتراتقۇچى «پاسكىنا روھلار» چىقىرىپ يۆتكىۋېتىلىدۇ. زېمىندا پەقەت «شاپائەت

يەتكۈزگۈچى ۋە شاپائەت تىلىگۈچى روھ»، يەنى خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ مۇبارەك تەسىرى باردۇر.

ھەتتا زەكەرىيانىڭ دەۋرىدىمۇ بۇتپەرەسلىك، ساختا پەيغەمبەرلەر ۋە ھەرخىل سېھرگەرلىك ۋە پالچىلىقنىڭ خەلقنىڭ ئارىسىدا تېخى تەسىرلىرى بار ئىدى؛ بۇ ئىشلار «نەھ.» 10:6، «ئەزرا» 1:9، «نەھ.» 23:13، 24 قاتارلىق يازمىلاردىن كۆرۈنىدۇ.

ھالبۇكى، بۇ ئاخىرقى ئالتە بابتا كۆزدە تۇتۇلغىنى يېقىن كەلگۈسى ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى زاماندىكى ئىشلاردۇر. مۇقەددەس يازمىلارنىڭ باشقا يەرلىرىدىن، بولۇپمۇ رەب ئەيسانىڭ ئۆزى بەرگەن ئاگاھلىرىدىن شۇنى بىلىمىزكى، ئاخىرقى زامانلاردا بۇتپەرەسلىك، ساختا پەيغەمبەر، «ساختا مۆجىزىلەر» ۋە ھەرخىل جادۇگەرلىكلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ («مات.» 11:24، 24-26، «مار.» 13:21-22، «لۇقا» 8:21). بۇ ئىشلار ئەۋجىگە چىقىپ، دەججال مەيدانغا چىقىدۇ ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرنى ئۆزىگە ۋە سۈرىتىگە چوقۇنۇشقا ئازدۇرىدۇ («2تېس.» 4:2، «ۋەھ.» 1:13-6، 13، 14).

كېيىنكى تۆت ئايەتتە (3-7دە) بۇتپەرەسلىك ۋە ساختا پەيغەمبەرچىلىك «شۇ كۈنى» قانداق يول بىلەن زېمىندىن يوقىتىلىدىغانلىقىغا ئىككى مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. بىرىنچى مىسال يەھۇدىي خەلقتە بولغان ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشنى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلارغا يېگىدىن ئۆچ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 3-ئايەتتە شۇ مىسال تونۇشتۇرۇلىدۇ: —

(3:13) «شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، بىرەيلەن يەنىلا پەيغەمبەرچىلىك قىلىپ بېشارەت بېرەي دېسە، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇغقان ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا: «سەن ھايات قالمايسەن؛ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن» دەيدۇ؛ ئاندىن ئۆزىنى تۇغقان ئاتا-ئانىسى ئۇنى بېشارەت بېرىۋاتقىنىدىلا سانجىپ ئۆلتۈرىدۇ».

بۇ ئاتا-ئانىنىڭ قىلغىنى دەل تەۋراتتىكى مۇقەددەس قانۇندا بۇيرۇلغىنىدەك بولىدۇ: «قېرىندىشىڭ، مەيلى ئاناڭنىڭ ئوغلى ياكى ئۆز ئوغلۇڭ ياكى قىزىڭ، جان-جىگىرىڭ بولغان ئايالىڭ ياكى جان دوستۇڭ ئاستىرتىن سېنى ئازدۇرماقچى بولۇپ: «بارايلى، باشقا ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىغا

كىرەيلى» دېسە... سەن ئۇنى ھېچ ئايىما، ئۇنىڭغا رەھىم قىلما ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنى ھېچ يوشۇرما؛ قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى ئۆلتۈرگىن؛ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تۇنجى قول سالغۇچى سەن بول...» («قان.» 6:13-10).

«ساختا پەيغەمبەر» بولسا، ئىشنى ئوخشاش بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك بولىدۇ: ــ «ئەمما مېنىڭ نامىمدا باشباشتاقلىق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا تاپىلىمىغان بىرەر سۆزنى سۆزلىسە ياكى باشقا ئىلاھلارنىڭ نامىدا سۆز قىلىدىغان پەيغەمبەر بولسا، شۇ پەيغەمبەر ئۆلتۈرۈلسۇن» («قان.» 20:18).

مۇشۇ 3-ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى دەل شۇنداق. بۇ ئاتا-ئانىنىڭ پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ سۆز-كالامىغا تۇتقان مۇھەببىتى ئۆز ئوغلىغا بولغان مۇھەببىتىدىن ئارتۇق بولىدۇ. ئوغلىدا بۇنداق رەزىل ئىشلار پەيدا بولاي دېگەندە ئۇلار شۇ رەزىللىكنى مۇتلەق يوقىتىشقا ھەردائىم تەييار تۇرىدۇ: «ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا: «سەن ھايات قالمايسەن؛ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن» دەپ، تۇغقان ئاتا-ئانىسى ئۇنى بېشارەت بېرىۋاتقىنىدىلا سانجىپ ئۆلتۈرىدۇ». («مىس.» 24:23، «چۆل.» 2:21، «قان.» 2:12، «يە.» 12:7نىمۇ كۆرۈڭ).

ساختا پەيغەمبەرلەرگە يول قويۇلمايلا قالماي، ئۇلار ئۆز يالغانچىلىقىدىن خىجىل بولىدۇ: ــ

«شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرى بېشارەت بېرىۋاتقاندا كۆرگەن كۆرۈنۈشتىن خىجىل بولىدۇ؛ ئۇلار خەقنى ئالداش ئۈچۈن ئىككىنچى چۈپۈرلۈق چاپاننى كىيمەيدۇ» (4-ئايەت).

ئەسلىدە مۇشۇنداق يالغان پەيغەمبەرلەر ھەتتا ھەقىقىي پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىنقىمۇ كېلىپ يۈز تۇرانە قارشى چىقاتتى؛ ھازىر ھېچكىم ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىغا چىدىمايدۇ.

ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «چۈپۈرلۈق چاپان»نى ھەقىقىي پەيغەمبەرلەردىن بەزىلىرى كىيەتتى ــ مەسىلەن، ئىلياس ۋە ئېلىشا پەيغەمبەرلەر («2پاد.» 8:1)، يەھيا پەيغەمبەر («مار.» 6:1). مۇشۇنداق ئىنتايىن ئاددىي كىيىم ئۇلارنىڭ پانىي دۇنيادىكى ئىشلاردىن ئايرىلغىنىنىڭ ۋە بەزىدە ماتەم تۇتۇشىنىڭ سىمۋولى بولغاچقا،

ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ گۇناھلىرىغا ۋە بۇ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ چۈشۈرىدىغان جازالىرىغا بولغان ئازابىنى بىلدۈرەتتى.

5-6-ئايەتتە يەنە بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ مىسالدا ئىخلاسمەن بىر ئىسرائىللىق پۇقرا بىلەن يالغان پەيغەمبەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت، سوئال-جاۋاب شەكلىدە تېپىلىدۇ: ــ

«ئۇ (ئەسلىدە يالغان پەيغەمبەرچىلىك قىلغان كىشى): «مەن پەيغەمبەر ئەمەس، مەن پەقەت تېرىقچىمەن؛ چۈنكى ياشلىقىمدىن تارتىپ تۇپراق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغۇچىمەن» ــ دەيدۇ». قارىغاندا، ئۇ ناھايىتى كىچىك پېئىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىدىن چىققانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن پۇقرا گۇمان قىلىپ ئۇنىڭدىن: «ھەي، ئەمدى سېنىڭ مەيدەڭدىكى (ئىبرانىي تىلىدا «ئىككى قولۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى») بۇ زەخمەتلەر نېمە؟» ـــ دەپ سورايدۇ.

ئۇ: «دوستلىرىمنىڭ ئۆيىدە يارىلىنىپ قالدىم» ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ» ـــ دېيىلىدۇ.

«بۇتپەرەس پەيغەمبەرلەر» جىن-شەيتانلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن پات-پات ئۆز تېنىنى كېسىۋالاتتى («1پاد.» 28:18دە مىسال كۆرۈلىدۇ). بۇتپەرەس پادىشاھ ئاھابنىڭ ئوردىسىدا دەل شۇنداق بۇتپەرەس پەيغەمبەرلەر «پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا» بېشارەت بېرىۋاتقان يۈزلىگەن باشقا «پەيغەمبەرلەر»گە ھەمراھ بولۇپ «خىزمەت قىلاتتى» («1پاد.» 5:22-7، 11-12). بۇ ئايەتلەردىن بىز «تەن كېسىش» دېگەن مۇشۇ ئىش ساختا پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز (ماتەم تۇتقاندىمۇ «تەن كېسىش» ئىسرائىللارغا مەنئى قىلىنغان ـــ «قان.» 1:14، «يەر.» 6:16، 5:41نىمۇ كۆرۈڭ).

«سېنىڭ مەيدەڭدە» دېگەن ئىبارە ئىبرانىي تىلىدا «ئالقان»نى، «بىلەك»نى ياكى بىلەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ بىلەن خەلق مۇشۇنداق زەخمەتلەردىن گۇمانلىنىدۇ، ساختا پەيغەمبەر خىجىل بولۇپ روشەن بىر يالغان باھانىنى كۆرسىتىدۇ. «دوستلىرى» بولسا ئادەتتە يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋەتنى («دوستلار» مەيلى ئىجابىي ياكى سەلبىي

مەندە بولسۇن) كۆرسىتىدۇ. بۇ ئادەم قولىدىكى يارىلىرىنى «پەقەت بىرنەچچە دوستلىرىم بىلەن سوقۇشۇپ قالغىنىم ئۈچۈن بولدى؛ لېكىن دوستلار بولغاچقا ھېچقانداق شىكايەتنامە يازغۇم يوق، دەۋا قىلغۇم يوق» دەپ چۈشەندۈرگەندەك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ كىشىنىڭ جاۋابى كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ئەمەس، بەلكى باھانە كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.

بىشارەتكە قارىغاندا، بۇ ساختا پەيغەمبەرلەر ھەتتا مەسىھنىڭ يارا-ئىزلىرىنىمۇ تەقلىد قىلماقچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن؟ (يەنە «مات.» 24:24، «مار.» 22:13، «يۇھ.» 25:20-27نى كۆرۈڭ).

مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ، سەلتەنىتىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچ ھاجىتى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## «سانجىپ ئۆلتۈرۈلگەن» پادىچىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى توغرۇلۇق (7:13-9)

### تونۇشتۇرۇش

7-ئايەت بىلەن كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ يېڭى بىر بۆلىكى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ تېمىسى ئىسرائىلنىڭ قانداق جازالار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس قوۋمى بولۇش ئۈچۈن تاۋلىنىپ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىدۇر. ئىلگىرىكى بۆلەكنى خۇلاسىلىساق، مۇنداق ئىشلار جاكارلىنىدۇ (6:13-1:12): —

(ئا) پەرۋەردىگار ئىسرائىل ۋە يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان دۇنياۋى كۈچلەردىن مۇداپىئە قىلىدىدىغانلىقى؛

(ئە) ئۇ قايسى يول بىلەن دۈشمەنلىرىنى ئۈرىدىغانلىقى؛

(ب) ئۆز خەلقىگە نۇسرەت قازىنىدىغان كۈچ-قۇدرەت يەتكۈزىدىغانلىقى؛

(پ) ئۇ ئاۋۋال مۇقەددەس روھىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنى توۋا قىلىش يولىغا كىرگۈزىدىغانلىقى؛

(ت) ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆز مەسىھىنى كرېستلەش گۇناھىنى بىلىپ يېتىدىغانلىقى؛

(ج) ئۇلار قاتتىق توۋا قىلىپ ھاياتقا ئېرىشىدىغانلىقى.

ئىككىنچى بۆلەكتە (7:13-21:14) تۆۋەندىكى ئىشلار كۆرستىلىدۇ: ــ
(ئا) ئىخلاسسىزلارنى ئۈزۈپ تاشلاش، يېرۇسالېمغا چۈشۈرۈلىدىغان جازا؛
(ئە) شۇ جازانىڭ ۋاستىسى بىلەن «خۇدانىڭ قالدىسى» تاۋلىنىدۇ، زېمىنىڭ ئۆزى بارلىق بۇلغىنىشلاردىن پاكلاندۇرۇلىدۇ؛
(ب) شۇنداق قىلىپ، زېمىن ۋە خەلق خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ يەر يۈزىدىكى مەركىزى ۋە ۋەكىلى بولۇشقا لايىق تازىلاپ پاكلىنىدۇ.
ئىككىنچى بۆلەك يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ ئالدىنقى قىسىم (7:13-9) بېشارەتتىكى ئىشلارنىڭ يەكۈنىدۇر، كېيىنكى قىسىمدا (14-باب) بېشارەتتىكى ئىشلار تەپسىلىي ئېيتىلىدۇ.
بېشارەت «ساختا پەيغەمبەر»نىڭ يالغان يارلىرىدىن ھەقىقىي سانجىلغان ھەقىقىي پادىچىغا ئۆتىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن «دوستلىرىم (ئۆز خەلقىنىڭ ئۆيىدە يارلىنىپ قالدىم» دېيەلەيتتى! ئۇلار «ھاياتلىقنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى»نى ئۆلتۈرگىنىدە خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولدۇق، دەپ ئويلايتتى؛ كۆڭلىدە خۇدادىن يىراقتا بولۇپ، «كۆرۈنمەس خۇدانىڭ سۈرىتى»نى تونۇماي، ئۇ خۇدانى «ئاتام» دېگەنلىكى ئۈچۈن «كۇپۇرلۇق قىلدىڭ» دەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان.
لېكىن ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئۆز بېشىغا ساناقسىز ئازاب-ئوقۇبەت چۈشۈرگەن شۇ جىنايىتى «شاپائىتىم پۈتكۈل دۇنياغا يەتكۈزۈلسۇن» دەپ، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ كەلگۈسى نىجاتى ئۈچۈن باشتىن ئاخىرغىچە خۇدا تەرىپىدىن باشقۇرۇلغانىدى. شۇڭا مەسىھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى 10:12-14دە يەھۇدىي خەلقىنىڭ كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغان ۋە تۇۋا قىلىدىغان جىنايىتى دېيىلىدۇ؛ ئەمما ئالدىمىزدىكى 7:13دە ئۇ خۇدانىڭ ئۆزى قىلغان ئىشىدۇر، دېيىلىدۇ: ــ
«ئويغان، ئى قىلىچ، مېنىڭ پادىچىمغا، يەنى مېنىڭ شېرىكىم بولغان ئادەمگە قارشى چىق، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» (7-ئايەت).
دېمەك، مەسىھنىڭ تارتقان كرېستتىكى ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدە، ئۇنى كرېستلىگەن يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىي ئەمەسلەر ئۆزلىرى بىلمىگەن ھالدا خۇدانىڭ ۋاستىسى بولۇپ «ئۇنىڭ جېنىنى گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىق قىلىش»ى ئەمەلىيەتتە

خۇدانىڭ ئالدىنىالا بېكىتكىنى بولۇپ، ئۇ «يەشايا» 53-بابتا ئالدىنئالا تەسۋىرلىنىدۇ. شۇ يەردە: «ئۇنى ئىزىشنى لايىق كۆرگەن پەرۋەردىگاردۇر؛ ئۇ ئۇنى ئازابقا چۆمۈلدۈرگۈزدى» دەپ ئوقۇيمىز. دەرۋەقە، ئىنسانىنىڭ قولى بىلەن «ئۇ خۇددى بوغۇزلاشقا يېتىلەپ مېڭىلغان پاقلاندەك بوغۇزلاشقا ئېلىپ مېڭىلدى»، لېكىن ئىنساننىڭ بارلىق بەتنىيەتلىكى پەقەت خۇدانىڭ «ئۆز كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە بۇرۇنلا نىمە بېكىتكەن بولسا» شۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى، خالاس («روس.» 28:4). بەرھەق، شەيتاننىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە نەپرىتى، باش كاھىنلارنىڭ غالجىرانە قەھرى، ھىرود پادىشاھنىڭ كەمسىتىشى، ۋالىي پىلاتۇسنىڭ قورقۇنچاقلىقىنىڭ ھەممىسى پەقەت خۇدانىڭ پۈتكۈل دۇنيانى نىجات كۆرسۇن دەپ ئالدىنئالا بېكىتكەن ئىشىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدۇر، خالاس.

«ئويغان، ئى قىلىچ!» دېگەن بۇ ئاجايىب بېشارەتتە قىلىچ ئادەم سۈپىتىدە خۇدانىڭ ئادالىتىنى بەجا كەلتۈرۈشكە چاقىرىلىدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ قىلىچى باشقا بېشارەتلەردە ــ مەسىلەن، «يەر.» 6:47-7، «ئەز.» 1:21-17دە شۇنداق كۆرسىتىلىدۇ. «قىلىچ» مۇشۇ بېشارەتلەردە ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا «ئۆلۈم قورالى» ياكى «خۇدانىڭ جازاسىنىڭ قورالى» سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ.

ئەمدى قىلىچ كىمگە چۈشىدۇ؟ ئۇشبۇ بېشارەتتە رەزىللەر ياكى ئىخلاسسىزلارنىڭ بېشىغا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي گۇناھسىز، قۇسۇرسىز مۇقەددەس بىر بولغۇچى، پەرۋەردىگارغا ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە تۇرغۇچىنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ! بۇ نېمىدېگەن چوڭقۇر بىر سىر-ھە! باشقا يەرلەردىمۇ بۇ ئاجايىب تېما ئۈستىدە كۆپ توختالدۇق؛ مەسىھ خۇدانىڭ قوزىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تولۇق ئىختىيارى بىلەن يولدىن ئازغان دۇنيانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، گۇناھكارلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىلا قالماي، بەلكى مەڭگۈ ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن «... ئۇ بىزنىڭ ئاسىيلىقلىرىمىز تۈپەيلىدىن يارىلاندى (ياكى «سانجىلدى»)، ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن زەخىملەندى» ۋە «تا ئۆلۈشكە قەدەر «شاراب ھەدىيە» تۆككەندەك ئۆزىنىڭ جېنىنى تۆتۈپ بەردى».

قىلىچ «مېنىڭ پادىچىم»غا قارشى چىقىدۇ. پەرۋەردىگار ئۆزى «ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى»دۇر ــ لېكىن ئۇ ھەردائىم مۇشۇ ئىش ۋە ئۇنىڭدىكى مۇناسىۋەتتە مەسىھنىڭ سۈپىتىدە ئىش كۆرىدۇ. بىز يۇقىرىدا بۇ تېما توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق؛

مەسىلەن، «ئەزاكىيال» 34-بابتا ئۇ «ئىسرائىلنى مەن ئۆزۈم كېلىپ باقىمەن»، شۇنداقلا ئۇلارنى «ئىزدەيمەن»، «قۇتقۇزىمەن»، «كۆچلەندۈرىمەن» ۋە «ساقايتىمەن» دېگەندىن كېيىن ئۇ: «مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر پادىچى، يەنى قۇلۇم داۋۇتنى تىكلەيمەن؛ ئۇ ئۇلارنى بىقىپ، ئۇلارغا پادىچى بولىدۇ» دەيدۇ. مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، «مېنىڭ قۇلۇم داۋۇت» ھەقىقىي داۋۇت، يەنى «ئۇلۇغ داۋۇتتىن بولغان، ئۆزىدىن ئۇلۇغ ئەۋلادى» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

پەرۋەردىگار ۋە «ئۇنىڭ پادىچىسى»نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان شۇ بىردىنبىر يەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت «مېنىڭ شېرىكىم بولغان ئادەم» دېگەن سۆزدىن ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «شېرىك» دېگەن بۇ سۆز مۇشۇ ئايەتتىن باشقا پەقەت «لاۋىيلار»دا تېپىلىدۇ؛ شۇ يەردە ئۇ «دوست»، «يېقىن ئادەم»، «قوشنا» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن، «لاۋ.» 15:25). بۇ ئىبارىنىڭ مەسىھدىن باشقا بىرسىنى كۆرسىتىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. پادىچى مەدىكار ياكى ياللانما پادىچىدەك بولغان بولسا، خۇدا ھەرگىز ئۇنداق ئىبارە بىلەن ئۇنى چاقىرمايتتى.

شۇڭا بۇ سۆز مەسىھنىڭ خۇدالىق تەبىئىتىدە بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. مەسىھ ئەيسا ئۆزى توغرۇلۇق «ياخشى پادىچىدۇرمەن» دېگەندە مۇشۇ بېشارەتنى (شۇنداقلا باشقا ئوخشايدىغان بېشارەتلەرنىمۇ) كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك؛ شۇ چاغدىمۇ ئۇ: «مەن ۋە ئاتا ئەسلىدىنلا بىردۇرمىز» دېۋىدى، يەھۇدىيلار ئۇنى چالما-كېسەك قىلماقچى بولدى («يۇھ.» 30:10).

پادىچى ئۇرۇلىشى بىلەن پادا تارقاپ كېتىدۇ: ــ

«پادىچىنى ئۇرۇۋەت، قويلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىتىۋېتىلىدۇ؛ مەن قولۇمنى كىچىك پېئىللارنىڭ ئۈستىگە چۆشۈرۈپ تۇرغۇزىمەن».

ھەرقانداق پادا پادىچىسىز بولسا ئاپەتكە يۈزلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمدى بېشارەتتە ئېيتىلغان «پادا» كىملەر بولىدۇ؟

كۆرسىتىلگەن پادا بولسا، «ياخشى پادىچى» بېقىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن يەھۇدىي خەلقى بولۇشى كېرەك (11:11-14دە دېيىلگەندەك)؛ ئۇلار جاھىللىقى ئۈچۈن شۇ يەردە يەنە «بوغۇزلاشقا بېكىتىلگەن پادا» دېيىلىدۇ.

مەسىھ ئەيسا بۇ بېشارەتنىڭ ئۆز مۇخلىسلىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى

كۆرستىپ ئۇلارغا مۇنداق ئېيتقان: «بۇگۈن كېچە سىلەر ھەممىڭلار مېنىڭ تۈپەيلىمدىن تاندۇرۇلۇپ پۇتلىشىسىلەر، چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا: ــ

«مەن پادىچىنى ئۇرۇۋېتىمەن، پادىدىكى قويلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىتىۋېتىلىدۇ» دېيىلگەن» («مات.» 31:26). مەسىھ «ئۇرۇلغان»دىن كېيىن، مۇخلىسلىرى تاۋلىنىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. تۆۋەندە بۇنىڭ ئۈستىدە يەنە توختىلىمىز.

بېشارەتنىڭ رەبنىڭ مۇخلىسلىرى ئۆز يېنىدىن تارقىتىلىشتىن باشقا چوڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى مەسىھ كرېستلەنگەندىن كېيىن: «... كەلگۈسىدە بولىدىغان ئەمىرنىڭ خەلقى»، يەنى رىملىقلار كېلىپ «شەھەر بىلەن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى گۇمران قىلدى» دېگەن ئىش بىلەن بولدى («دان.» 26:9). شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىي خەلقىنىڭ يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر ئارىسىدا «تارقىتىلىش» جەريانى باشلاندى. گەرچە بۈگۈن يەھۇدىيلارنىڭ «ئىسرائىلىيە» دېگەن ئۆز ۋەتىنى بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخى پۈتكۈل دۇنياغا تارقالما ھالەتتە تۇرماقتا.

گەرچە خۇدانىڭ شۇ دەھشەتلىك جازاسى خەلقنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان بولسىمۇ، كىچىك بىر «قالدى»سى يەنىلا ئۇنىڭ غەمخورلۇقىنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. بۇ ئىش: «مەن قولۇمنى كىچىك پېئىللارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈپ تۇرغۇزىمەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

«كىچىك پېئىللار»، يەنى «ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان»لار ئىبرانىي تىلدا «كىچىكلەر» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ مۇشۇ ئايەتتە 7:11دىمۇ تىلغا ئېلىنغان «پادا ئارىسىدىكى مىسكىن مۆمىنلەر»، يەنى خەلق ئارىسىدىكى نامرات، ھەققانىي، باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىدىغان كىشىلەرنى كۆرسەتسە كېرەك.

ئىبرانىي تىلدا بىرسىنىڭ ئۆز قولىنى مەلۇم كىشىنىڭ «ئۈستىگە چۈشۈرۈپ تۇرغۇزۇش»ى دېگەن ئىبارە بىرخىل جازالاشنى بىلدۈرىدۇ: مەسىلەن: «ئاموس» 8:1دە، «مەن... ئېكرون شەھىرىگە قارشى قول كۆتۈرىمەن»، ياكى «زەب.» 14:81دە «ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى تېزلا ئېگىلدۈرەر ئىدىم، قولۇمنى رەقىبلىرىگە بۇراپ باسار ئىدىم». ھالبۇكى، مۇشۇ يەردە مەنىسى ئىجابىي جەھەتتە بولسا كېرەك؛ چۈنكى نەتىجىسى «خۇدانىڭ قالدىسى»نىڭ

نىجاتى بولىدۇ (گەرچە شۇ نىجات تاۋلىنىش ياكى «تەربىيىلىك جازالاش»تىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق بولسىمۇ). مەزكۇر ئىبارە يەشايا پەيغەمبەر («يەش.» 25:1دە) يېرۇسالېمنىڭ تاۋلىنىشى بىلەن پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئۇلارغا شاپائەت كۆرسىتىلىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، پۈتۈن 7-ئايەتنى خۇلاسىلىساق: —

(ئا) پەرۋەردىگارنىڭ پادىچىسى خەلقنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئۇرۇلىدۇ؛

(ئە) نەتىجىدە، خەلقنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بېشىغا «تارقىتىلىش ئاپىتى» چۈشىدۇ؛

(ب) لېكىن پەرۋەردىگار پادىسىدىن كىچىك «قالدى»نى، يەنى ئۆز سۆزىگە قۇلاق سالىدىغان مۆمىنلەرنى رەھىمدىللىق بىلەن ئەسلەپ ئۇلارنى ئاپەت ئىچىدە قوغدايدۇ (11:11نى كۆرۈڭ).

مەسىھ ساتقۇنلۇق قىلىنىدىغان كەچتە مۇخلىسلىرىغا: «بۈگۈن كېچە سىلەر ھەممىڭلار مېنىڭ تۈپەيلىمدىن تاندۇرۇلۇپ پۇتلىشىسىلەر، چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا:

«مەن پادىچىنى ئۇرۇۋېتىمەن، پادىدىكى قويلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىتىۋېتىلىدۇ» دېيىلگەن. لېكىن مەن تىرىلگەندىن كېيىن گالىلىيەگە سىلەردىن بۇرۇن بارىمەن» («مات.» 31:26-32، «مار.» 27:14) دەپ ئېيتقان سۆزلىرىگە قايتىدىن قارساق، زەكەرىيانىڭ بېشارەت سۆزلىرىنى سەل ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆرىمىز؛ ئۇ خۇدانىڭ سۆزىنى «مەن پادىچىنى ئۇرۇۋېتىمەن» دەپ، ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشىنىڭ خۇدانىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. گەرچە ئۇ ئۇلارنىڭ شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن تېنىپ كەتكەنلىكىنى ئالدىنئالا بىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇلارغا: «لېكىن مەن تىرىلگەندىن كېيىن گالىلىيەگە سىلەردىن بۇرۇن بارىمەن» دېگەن سۆزلىرى بىلەن، ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن سىلەردىن ۋاز كەچمەيمەن، ئەكسىچە سىلەردىن يەنە خەۋەر ئالىمەن، دەيدۇ؛ دېمەك، ئۇ «مەن قولۇمنى كىچىك پېئىللارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈپ تۇرغۇزىمەن» دېگەن ۋەدىسىدە تۇردى.

8-9-ئايەتلەرگە كەلسەك: —

«زېمىندا شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، — دەيدۇ پەرۋەردىگار، — ئۇچتىن ئىككى قىسمى قىرىلىپ ئۆلىدۇ؛ بىراق ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇنىڭدا تىرىك قالىدۇ. ئاندىن مەن ئۈچىنچى قىسمىنى

ئوتقا كىرگۈزىمەن، ئۇلارنى كۈمۈش تاۋلىغاندەك تاۋلايمەن، ئالتۇن سىنالغاندەك ئۇلارنى سىنايمەن؛ ئۇلار مېنىڭ نامىمنى چاقىرىپ نىدا قىلىدۇ ۋە مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىمەن؛ مەن: «بۇ مېنىڭ خەلقىم» دەيمەن؛ ئۇلار: «پەرۋەردىگار مېنىڭ خۇدايىم» ــ دەيدۇ».

خۇدانىڭ ھۆكۈم-جازالىرىدا «ئۈچتىن بىر قىسىم»نىڭ قۇتقۇزۇلۇپ ئاندىن يەنە تاۋلىنىشى بىرنەچچە يەرلەردە كۆرۈلىدۇ ــ مەسىلەن، «ئەز.» 12:5دە، ئىسرائىل خەلقى ئۈچ قىسمغا بۆلۈنىدۇ: ـ «شەھەردىكىلەردىن ئۈچتىن بىر قىسمى ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلىدۇ ھەمدە ئاراڭلاردا بولىدىغان ئاچارچىلىقتىن بېشىنى يەيدۇ؛ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆپچۆرۈڭلاردا قىلىچلىنىدۇ؛ ۋە مەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ھەر تەرەپتىن چىققان شامالغا سورىۋېتىمەن، ئاندىن بىر قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئۇلارنى قوغلايمەن». «يەش.» 13:6دە بولسا، خەلقنىڭ پەقەت ئوندىن بىر قىسمىنىڭ خۇدانىڭ ئۇلۇغ تاۋلاش جازاسىدىن ئۆتىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

خۇدانىڭ خەلقى تاۋلىنىدىغان ۋاقىتتا «زېمىندا بولىدىغانلىقى» تەكىتلىنىدۇ: «زېمىندا شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ ئۇنىڭدا (ئىبرانىي تىلىدا قايتىلىنىدۇ) ئۈچتىن ئىككى قىسمى قىرىلىپ ئۆلىدۇ».

خۇدانىڭ بۇ جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش جەريانى ئۇلار مەسىھنى چەتكە قاققاندىن كېيىن مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىلى دەل شۇ «زېمىندا» باشلىنىپ، يەنە شۇ يەردە ئاخىرقى زاماندا ئاخىرلىشىدۇ.

يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ساناقسىزدۇر. ئۇرۇشتىن كېيىن پەلەستىن زېمىنىنى ئىگىلىشى بىلەن ئۇلار شۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن ئارام تاپقىنى بىلەن، شۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەر يەنىلا «ياقۇپنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت كۈنى» بىلەن ئەۋجىگە چىقىدۇ («يەر.» 7:30)؛ ئۇ چاغدا ئۇلار «زېمىندا تۇرغاندا»، خەلقنى تاۋلاش ئۈچۈن خۇدا تەييارلىغان «ئوت» زىئوندا يېقىلىدۇ، خۇمدان يېرۇسالېمدا تۇتاشتۇرۇلىدۇ («يەش.» 9:31).

ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۈزۈپ تاشلىنىشى بىلەن خۇدانىڭ خەلقى ھەرگىز مۇتلەق يوقىتىۋېتىلمەيدۇ؛ ھەردائىم «ئۈچتىن بىرى» ياكى «ئوندىن بىرى» «مۇقەددەس

نەسل» بولۇشقا قالىدۇ («يەش.» 13:6)؛ ئۇلار ئارقىلىق خۇدانىڭ ئىسرائىل بارلىق ئەللەرگە بەخت-بەركەت بولسۇن دېگەن ئۇلۇغ مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ. ئۇ ئۇلارغا: «مەن سىېنى تارقىتىۋەتكەن ئەللەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگەشتۈرسەممۇ، لېكىن سېنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرمەيمەن؛ پەقەت ئۇستۇگدىن ھۆكۈم چىقىرىپ تەربىيە-ساۋاق بېرىمەن» دەيدۇ («يەر.» 11:30، 28:46).

شۇنىڭ بىلەن «خۇدانىڭ قالدىسى» سىنىلىپ تاۋلىنىدۇ؛ بۇ ئىشنىڭ پەللىگە يېتىشى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئاجايىب قۇتۇلۇشىدىن ئىلگىرىرەكلا بولسا كېرەك. شۇ چاغدا خۇدا: «ئۇلارنى كۈمۈش تاۋلىغاندەك تاۋلايدۇ، ئالتۇن سىنىغاندەك ئۇلارنى سىنايدۇ». مالاكى پەيغەمبەر ئېيتقاندەك: «ئۇ تاۋلىغۇچىنىڭ ئوتى، كىرچىنىڭ ئاقارتقۇچ شولتىسىدەك بولىدۇ؛ ئۇ كۈمۈشنى تاۋلىغۇچى ھەم ئېرىغدىغۇچىدەك تاۋلاپ ئولتۇرىدۇ... ئۇلارنى ئالتۇن-كۈمۈشنى تاۋلىغاندەك تاۋلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارغا ھەققانىيلىقتا بولغان قۇربانلىق-ھەدىيەنى سۇنىدۇ...» («مال.» 3:2-4؛ «زەب.» 66:10-12نىمۇ كۆرۈڭ).

ئۇلار دانىيال پەيغەمبەرنىڭ ئۈچ دوستىدەك «دەھشەتلىك يالقۇنلاپ تۇرغان خۇمدان»دا تۇرۇپ: «مېنىڭ نامىمنى چاقىرىپ نىدا قىلىدۇ ۋە مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىمەن؛ مەن: «بۇ مېنىڭ خەلقىم» دەيمەن؛ ئۇلار: «پەرۋەردىگار مېنىڭ خۇدايىم» - دەيدۇ» («يەر.» 38:32-42، «ئەزاكىيال 23:37-28 ۋە تەۋراتتىكى باشقا بېشارەتلەرنىمۇ كۆرۈڭ؛ بۇ بېشارەت يەنە «ئۇلارنىڭ يەكۈنى»دۇر).

شۇ كۈن بالدۇر كېلىدۇ: —

«خۇشاللىقتىن تووۋلاڭلار، ئى ئاسمانلار؛ ئى يەر-زېمىن، شادلان؛
ناخشىلارنى ياڭرىتىڭلار، ئى تاغلار؛
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە تەسەللى بەردى،
ئۆزىنىڭ خار بولغان پېقىر-مۆمىنلىرىگە رەھىم قىلىدۇ» («يەش.» 13:49).

# 14-باب ـ شەرەپلىك ئاخىرەت؛ پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى، پەرۋەردىگارنىڭ پادىشاھلىقى

بۇ بابنىڭ ئاۋۋالقى ئايەتلىرى 13-بابتىكى 7-9-ئايەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئاچىدۇ، شۇنداقلا 12-بابتىكى بېشارەتتە ئېيتىلغان ئىسلارنىڭ باشلانغان ۋاقتىغا، يەنى خۇدانىڭ ئىسرائىلنى جازالاش يولىدا ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئېلىشىغا يول قويغان ۋاقتىغا قايتىدۇ. 14-بابتا مۇشۇ قوشۇنلارنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاھچىلار تەسۋىرلىگەندەك ناھايىتى تەپسىلىي ئالدىنئالا ئېيتىلىدۇ.

تەۋراتتىكى كۆپ بېشارەتلەردە مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتى ئالدىنئالا ئېيتىلغاندىن كېيىن شۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرى كۆپىرەك بايان قىلىنىدۇ؛ مۇشۇ يەردىمۇ شۇنداق ئېلىنىدۇ.

ئىسرائىلنىڭ 14-بابتا ئېيتىلغان شۇ جىددىي كرىزىسىغا سەپسىلىپ قاراشتىن ئاۋۋال، كرىزىسنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى بىرنەچچە ئەھۋالغا قارايلى: ــ

(ئا) 12-14-بابلاردىن ئېنىقكى، يەھۇدىي خەلقى قايتىدىن قانائان زېمىنى، شۇنداقلا يېرۇسالېم شەھىرىنى ئىگىلىگەنىدى. تەۋراتتىكى باشقا بېشارەتلەر ۋە بۇ بېشارەتنىڭ ئۆزىگە ئاساسەن، قايتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېتىقادسىز ھالدا زېمىنغا قايتقان. تەۋراتتىكى باشقا بېشارەتلەرگە قارىغاندىمۇ، ئاخىرقى زامانلارغا كەلگەندە، يەھۇدىي خەلقى زېمىندا تۇرۇۋاتقان ۋە زېمىنغا قايتمىغان، ئېخچە دۇنيانىڭ چەت-چەتلىرىگە تارقىتىلغان ئىككى خىل ھالەتتە بولىدۇ.

(ئە) رەببىمىز يەر يۈزىدە خىزمەت ئۆتەۋاتقان چاغدا يەھۇدىي خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى شۇنداق تارقىتىلغان ھالەتتە قالغانىدى؛ زېمىنىنىڭ ئۆزىدە تۇرۇۋاتقانلار بولسا مۇستەقىل ئەمەس، بەلكى «يات ئەللەرنىڭ تۆتىنچى ئىمپېرىيەسى»نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇراتتى (شۇ ئىمپېرىيەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «دانىيال» 7-بابتىكى بېشارەتنى كۆرۈڭ). شۇ چاغدا «يات ئەللەرنىڭ تۆتىنچى ئىمپېرىيەسى» «رىم ئىمپېرىيەسى» ئەندىزىسىدە ئىدى. «دانىيال» 7-بابتىكى بېشارەتكە ئاساسەن، شۇ ئىمپېرىيە ئاخىرقى مەزگىلىدە «دەججالنىڭ ئىمپېرىيەسى» بولىدۇ. ئىسرائىل قايتىدىن زېمىندا ھازىرقىغا ئوخشاش مۇستەقىل تۇرسىمۇ، ئۇلار ئاخىر بېرىپ يەنە

شۇ ئىمپېرىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ (يەنى، دەججالنىڭ) خارلاشلىرى ئاستىدا تۇرسا كېرەك.

(ب) گەرچە (مەزكۇر بېشارەت ۋە تەۋراتتىكى باشقا بېشارەتلەر بويىچە) ئىسرائىل زېمىندا بىرقەدەر روناق تاپقان بولسىمۇ (مەسىلەن، يېرۇسالېم شەھىرى پۇختا قۇرۇلغان)، مۇشۇ 14-بابتا تەسۋىرلەنگىنى بويىچە ئۇلار ئۇچرايدىغان ھۇجۇم ۋە قورشاۋ بولسا ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا ئەڭ ۋەھشەتلىك ۋە زۇلمەتلىك ۋەقە بولىدۇ.

باشقا بېشارەتلەرنى توغرا چۈشەنگەن بولساق، ئىسرائىل شۇ ۋاقىتتا ئالللىقاچان دەججال (مەسىھنىڭ رەقىبى) بىلەن ئەھدىلىشىپ ئۇنىڭغا بېقىندى بولىدۇ. مەسىھنىڭ شۇ سۆزى شۇ چاغدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولىدۇ: «مەن ئاتامنىڭ نامى بىلەن كەلگەنمەن، ئەمما سىلەر مېنى قوبۇل قىلمايسىلەر. ھالبۇكى، باشقا بىرسى ئۆز نامى بىلەن كەلسە، سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىسىلەر» («يۇھ.» 43:5؛ «يەش.» 28:14-22نىمۇ كۆرۈڭ). دەججالنىڭ رۇخسىتى ۋە قوللاشلىرى بىلەن ئۇلار ئۇچىنچى بىر ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ.

(پ) ئەمما دەججال يالغانچىلىقتا ۋە بىدئەتلىكتە ئاساسلانغان ئۆزىنىڭ شۇ ساختا ئەھدىسىدە تۇرمايدۇ. يەر يۈزىدىكى بارلىق خەلقنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ شۇ ئىبادەتخانىدىكى ئىبادىتىنى توختىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭكى قىلىدۇ («دان.» 27:9، 31:11؛ «مات.» 15:24نى كۆرۈڭ). خەلقنىڭ بەزىلىرى، شۈبھىسىزكى، شۇ ئىشقا قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرىدۇ؛ دەججال (ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن بىرنەچچە مۇستەبىتلەرگە ئوخشاش) يەھۇدىي خەلقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا نىيەت باغلايدۇ. يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتى بىلەن بارلىق ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرىنى «ھارماگېددون»دا يىغىدۇ: «ئۇلار: ــ «يۈرۈڭلار، ئۇلارنى مىللەت قاتارىدىن يوق قىلايلى! ئىسرائىلنىڭ نامى ئىككىنچى تىلغا ئېلىنمىسۇن!» ــ دېمەكتە» («زەب.» 4:83؛ «ۋەھ.» 16:16).

(ت) مۇشۇ قوشۇنلارنىڭ دەھشەتلىكى ئالللىقاچان 12-بابتا ئايان قىلىندى. ئۇلار زېمىننى ئاياغ ئاستى قىلىپ بارلىق قارشىلىقنى تارمار قىلىدۇ. ئاخىر بېرىپ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىشقا كىرىدۇ: ــ

«مانا، پەرۋەردىگارغا خاس كۈن كېلىدۇ؛ ئۇ كۈنى ئاراڭدىن مال-مۈلكۈڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ بۆلۈشۈۋېلىنىدۇ. مەن بارلىق ئەللەرنى يېرۇسالېمغا جەڭ قىلىشقا يىغىمەن؛ شەھەر ئىشغال قىلىنىدۇ، ئۆيلەر بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ، قىز-ئاياللار ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ؛ شەھەرنىڭ يېرىمى ئەسىرگە چۈشۈپ سۈرگۈن قىلىنىدۇ؛ تىرىك قالغان خەلق شەھەردىن ئېلىپ كېتىلمەيدۇ» (1-2-ئايەت).

شۇڭا شەھەر ئىشغال قىلىنىپ خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ. ئىشغال قىلغۇچى قوشۇننىڭ ياۋۇزلۇقىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. شەھەردىكىلەرنىڭ يېرىمى ئەسىرگە چۈشۈپ سۈرگۈن قىلىنىدۇ. قارىغاندا دۈشمەننىڭ قانداقتۇر رەزىل بىر نىيىتى بىلەن ئازراق بىر قىسمىنى قالدۇرىدۇ. يەرەمىيا پەيغەمبەر شۇ كۈنى توغرۇلۇق: «ئايھاي، شۇ كۈنى دەھشەتلىكتۇر! ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۈن ئوخشىمايدۇ؛ ئۇ ياقۇپنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت كۈنىدۇر!» دەپ پەرياد كۆتۈرىدۇ («يەر.» 30-باب).

ھالبۇكى، بېشارەت بويىچە ئۇ كۈن «دەججالنىڭ كۈنى» ئەمەس، بەلكى «پەرۋەردىگارغا خاس بىر كۈن» - يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ يوللىرىنىڭ توغرىلىقى ۋە ھەققانىيلىقىنى ھەيۋەت بىلەن ئىسپاتلاشقا، دۈشمەنلىرىنى ئاغدۇرۇشقا ۋە ئۆز خەلقىنى نىجاتقا ئېرىشتۈرۈشكە بېكىتكەن كۈنىدۇر.

بۇ دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئىسرائىل پەرۋەردىگارغا قاتتىق نىدا قىلغاچقا، 10:12دە ئېيتىلغاندەك ئۆز مەسىھىمىزنى سانجىپ ئۆلتۈردۇق، دېگەن ۋەھيىنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز. دەل شۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل «قايتىدىن تۇغۇلىدۇ».

«ئاندىن پەرۋەردىگار چىقىپ شۇ ئەللەر بىلەن ئۇرۇشىدۇ؛ ئۇ ئۇنىڭ جەڭ قىلغان كۈنىدىكىدەك ئۇرۇشىدۇ» (3-ئايەت).

تەۋرات تارىخىدا خۇدا خەلقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم جەڭ قىلغان؛ مەسىلەن «يەش.» 14:10دە «شۇنداق بىر كۈن ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ۋە كېيىنمۇ بولۇپ باقمىدى؛ چۈنكى پەرۋەردىگار ئىسرائىل ئۈچۈن جەڭ قىلدى» دەپ ئوقۇيمىز. ئەمما «جەڭ قىلغان كۈنىدىكىدەك» دېگەن ئىبارە بەلكىم پەرۋەردىگار ئىسرائىلنى مىسىردىن قۇتقۇزغان كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسرائىل

قۇتقۇزۇلغان كۈنى: «پەرۋەردىگار جەڭچىدۇر، ياھۋەھ ئۇنىڭ نامىدۇر» دەپ كۈي ئېيتىلدى («مىس.» 14-15-باب).

شۇ كۈنى ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا تۈيۈقسىز ئايان بولغان زات مەسىھ ئەيسادىن باشقا ھېچكىم ئەمەستۇر. بۇ كارامەت ئىش قىلىشقا مۇۋاپىق ئۇنىڭ ناملىرى «يەش.» 6:9دىكى بېشارەت بويىچە «ئەل-گىببور»، يەنى «كۈچ-قۇدرەتلىك خۇدا» ياكى «پالۋان خۇدا»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىھ شۇ سۈپىتىدە كەلگەندە: —

«ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇ كۈنى يېرۇسالېمنىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ ئەك ئالدى بولغان زەيتۇن تېغىدا تۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن زەيتۇن تېغى ئوتتۇرىدىن شەرق ۋە غەرب تەرەپكە يېرىلىدۇ؛ زور يوغان بىر جىلغا پەيدا بولىدۇ؛ تاغنىڭ يېرىمى شىمال تەرەپكە، يېرىمى جەنۇب تەرەپكە يۆتكىلىدۇ» (4-ئايەت).

خۇدانىڭ «پۇتلىرى» يوقتۇر، ئەمما مەسىھنىڭكى بار، ئەلۋەتتە.

«زەيتۇن تېغى»نىڭ ئىسرائىلنىڭ تارىخىدىكى كۆپ مۇھىم ۋەقەلەر ۋە كرىزىسلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى باردۇر. ئەزاكىيال پەيغەمبەر داۋۇتنىڭ پادىشاھلىق تەختى تېخى ئاغدۇرۇلماستىن ۋە «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى» باشلانماستىنلا پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسى دەل مۇشۇ تاغدىن كۆتۈرۈلۈپ ئىسرائىل زېمىنىدىن ئايرىلغىنىنى كۆردى («ئەز.» 23:11).

ئۆزى «خۇدانىڭ شان-شەرىپى بولغان»، رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئىسرائىل خەلقىدىن چەتكە قېقىلىپ، ئۆلتۈرۈلۈپ ۋە تىرىلگەندىن كېيىن دۇنيادىن، شۇنداقلا ئىسرائىل زېمىنىدىن ئايرىلىپ كەتكەندە ئۇ دەل مۇشۇ تاغدىن كۆتۈرۈلگەن: «ۋە ئۇ ئۇلارنى بەيت-ئانىيا يېزىسىغىچە (بەيت-ئانىيا زەيتۇن تېغىدا ئىدى) باشلاپ باردى ۋە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى بەرىكەتلىدى. ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلارنى بەرىكەتلىگەندە ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى» («لۇقا» 50:24-51).

ئەيسانىڭ ئىسرائىلدىن شۇنداق ئايرىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بابىلدا 70 يىل سۈرگۈن بولغان ئازابلىق مەزگىلدىن تېخمۇ ئۇزۇن ۋە تېخمۇ ئازابلىق بىر مەزگىل باشلاندى.

مىلادىيەدىن ئالتە يۈز يىل بۇرۇن ئەزاكىيال پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسىنىڭ دەل ئۇ كەتكەن يۆنىلىشتىن قايتىپ كېلىدىغىنىنى ئالدىنئالا كۆردى: «مانا، ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنىڭ شان-شەرىپى شەرق تەرەپتىن كەلدى؛ ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇلۇغ سۇلارنىڭ شارقىرىغان ساداسىدەك ئىدى؛ يەر يۈزى ئۇنىڭ شان-شەرىپى بىلەن يورۇتۇلدى» («ئەز.» 2:43). بۇ بېشارەت بولسا سىمۋوللۇق شەكىلدە دەل مەسىھ ئەيسانىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشى توغرۇلۇق ئىدى. چۈنكى رەببىمىز مۇخلىسلاردىن زەيتۇن تېغىدا ئايرىلغاندا پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ــ «ئەي گالىلىيەلىكلەر، نېمىشقا ئۆرە تۇرغىنىڭلارچە ئاسمانغا قاراپ قالدىڭلار؟ ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن شۇ ئەيسا سىلەر ئۇنىڭ ئاسمانغا قانداق كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن بولساڭلار، يەنە شۇ هالدا قايتىپ كېلىدۇ» ــ دېدى («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 11:1). «يەنە شۇ هالدا» بولسا پەقەت ئىنسانىي تېنىدە ئاسماندىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە: ــ (ئا) قايسى جايدىن كەتكەن بولسا دەل شۇ يەرگە قايتىپ كېلىدۇ؛ (ئە) «بۇلۇتلار بىلەن» (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۇقەددەس بەندىلىرى بىلەن بىللە) قايتىپ كېلىدۇ («مات.» 30:24، 64:26، «1تېس.» 17:4، «ئىبر.» 1:12، «ۋەھ.» 7:1).

مەسىھنىڭ ئۇستىگە چۈشۈشى بىلەنلا زەيتۇن تېغى «ئوتتۇرىدىن شەرق ۋە غەرب تەرەپكە يېرىلىدۇ؛ زور يوغان بىر جىلغا پەيدا بولىدۇ؛ تاغنىڭ يېرىمى شىمال تەرەپكە، يېرىمى جەنۇب تەرەپكە يۆتكىلىدۇ».

گېئولوگلار زەيتۇن تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەرقتىن-غەربكە سوزۇلغان بىر «يەر پوستى ئۈزۈلمىسى»نى تاپقان. ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دە يېرىلىشنى كۈتمەكتە.

يېرۇسالېمدىكىلەر «جىلغا بىلەن» قاچىدۇ: ــ

«ۋە سىلەر مېنىڭ تاغلىرىمنىڭ دەل مۇشۇ جىلغىسى بىلەن قاچىسىلەر؛ چۈنكى تاغلارنىڭ جىلغىسى ئازەلگىچە بارىدۇ؛ سىلەر يەھۇدا پادىشاهى ئۇززىيانىڭ كۈنلىرىدە بولغان يەر تەۋرەشتە قاچقىنىڭلاردەك قاچىسىلەر. ئاندىن پەرۋەردىگار خۇدايىم كېلىدۇ؛ ھەمدە سەن بىلەن بارلىق «مۇقەددەس بولغۇچىلار»مۇ كېلىدۇ!» (5-ئايەت).

«پادىشاھى ئۇززىيانىڭ كۈنلىرىدە بولغان يەر تەۋرەش» «ئاموس» 1:1دە تىلغا ئېلىنىدۇ («ئاموس» 2:1دىمۇ بېشارەت قىلىنغان). بۇ ئىش زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن ئىككى يۈز يىل بۇرۇن بولغىنى بىلەن خالايىققا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق تەسىر قالدۇرغانلىقى ئېنىق تۇرىدۇ.

«ئازەل»نىڭ قەيەردىلىكى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. ھازىرقى ئەھۋالدا، يېرۇسالېمدىن شەرققە قېچىش مۇمكىن ئەمەس؛ «كىدرون جىلغىسى» ۋە ئىنتايىن تىك بولغان زەيتۇن تېغىنىڭ ئۆزى مۇشۇنداق «قېچىش يولى»نى توسۇۋالىدۇ.

مۇشۇ يەردە «مۇقەددەس بولغۇچىلار» دېگەنلەر بارلىق كېرۇب-پەرىشتىلەر ۋە بەلكىم ئۆلۈمدىن تىرىلگەن خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنى كۆرسىتىدۇ («1تېس.» 4-باب، «يەھ.» 14-15، «1كور.» 6:2-3، 51:15-57نى كۆرۈڭ).

(بەزى ئالىملار ئىسرائىلنىڭ تولۇق قىلىش ۋاقتى (2:13-4:12) مۇشۇ پەيتتە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. 12-باب ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا كۆرسەتكەن سەۋەبلەر ئۈچۈن بىز بۇ ئىشنى مەسىھنىڭ ئۆيئوچۇق ئايان بولۇشىدىن ئىلگىرى بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمىز).

مەسىھنىڭ ئىسرائىلنى قوغدايدىغان بىرىنچى ئىشى ئاتلىق دۈشمەنلەرنى ئۇرۇشى بولىدۇ «ھەممە ئاتلارنى ساراسىمىگە سېلىپ، ئاتلىقلارنى ساراڭلىققا چۈشۈرىمەن» (4:12). ئاندىن ئۇ پىيادە ئەسكەرلەرنى 12:14دە تەسۋىرلەنگەن ۋابا بىلەن ئۇرىدۇ. ئىسرائىللار ئۆزلىرى جەڭ قىلىشقا كۈچلەندۈرۈلىدۇ: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەلەڭشىپ قالغانلارمۇ شۇ كۈنى داۋۇتتەك پالۋان بولىدۇ؛ داۋۇت جەمەتى بولسا خۇدادەك، يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىدەك كۈچلۈك بولىدۇ» (8:12).

ئىسرائىلنىڭ مەسىھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى تۈپەيلىدىن بولغان تولۇق قىلىشتىكى ئازابلىرى مۇقەددەس روھنىڭ ئىشلىگەن ئەمەلى بولىدۇ؛ شۇڭا شۇ تولۇق قىلىشتىكى ئازابلار شۈبھىسىزكى، دۇنيانىڭ چەت-چەتلىرىگە تارقىتىلغانلارغىچمۇ يېيىلغان بولىدۇ، دەپ قارايمىز.

6-7-ئايەتكە ئۆتەيلى: ـــ

«شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، نۇر توختاپ قالىدۇ؛ پارلاق يۇلتۇزلارمۇ قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ؛ بىراق ئۇ پەرۋەردىگارغا مەلۇم بولغان ئالاھىدە

بىر كۈن، يا كېچە يا كۈندۈز بولمايدۇ؛ شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، كەچ كىرگەندە، ئالەم يورۇتۇلىدۇ».

6-ئايەتتە كۆرستىلگەندەك، مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىدىن سەل ئىلگىرىلا ئاسماندىكى يورۇقلار قاراڭغۇلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ ئىش تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى بىرنەچچە بېشارەتلەردە تىلغا ئېلىنىدۇ: ـ

«قۇياش ھەم ئاي قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ، يۇلتۇزلار ئۆز جۇلاسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ» («يو.» 15:3)، «ئاي ئۇياتلىقتا قالىدۇ؛ كۈن خىجىل بولۇپ كۆرۈنمەيدۇ؛ چۈنكى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار زىئون تېغىدا پادىشاھلىق قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئۆز ئاقساقاللىرى ئالدىدا پارلايدۇ!» («يەش.» 23:24)، «ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ۋە يۇلتۇز تۈركۈملىرى نۇرىنى بەرمەيدۇ؛ قۇياش بولسا چىقىپلا قاراڭغۇلىشىدۇ، ئايمۇ ھېچ يورۇمايدۇ» (يەش.» 10:13).

«ئەمدى شۇ كۈنلەردە، شۇ ئازاب-ئوقۇبەت ئۆتۈپ كەتكەن ھامان، قۇياش قارىيىدۇ، ئاي يورۇقلۇقىنى بەرمەيدۇ، يۇلتۇزلار ئاسماندىن تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ، ئاسماندىكى كۈچلەر لەرزىگە كېلىدۇ» («مار.» 4:13، 25).

مەسىھ كەلگەن شۇ كۈن «پەرۋەردىگارغا مەلۇم بولغان ئالاھىدە بىر كۈن» بولىدۇ ـ دېمەك، دۇنيا تارىخىدىكى بارلىق كۈنلەردىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ: «ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۈن ئوخشىمايدۇ» («يەر.» 7:30). رەببىمىز ئۆزى شۇ كۈن توغرۇلۇق ئۆلۈمى ئالدىدا مۇنداق دېگەن: ـ «لېكىن شۇ كۈنى ياكى ۋاقىت-سائىتىنىڭ خەۋىرىنى بولسا، ھېچكىم بىلمەيدۇ ـ ھەتتا ئەرشتىكى پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدۇ، ئوغۇل بىلمەيدۇ، ئۇنى پەقەت ئاتىلا بىلىدۇ» («مار.» 32:13).

شۇ كۈنى «يا كېچە يا كۈندۈز بولمايدۇ» دېيىلىدۇ.

بىرىنچىدە «كۈندۈز بولمايدۇ»، چۈنكى قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بولمايدۇ؛ ھەم «كېچىمۇ بولمايدۇ» ـ (دېمەك، كېچىدىكى قاراڭغۇلۇق بولمايدۇ)؛ چۈنكى رەب مەسىھنىڭ شان-شەرىپىنىڭ جۇلاسى، شۇنداقلا مىڭلىغان پەرىشتىلەر ۋە مۇقەددەس بەندىلىرىدە ئەكس ئېتىدىغان رەببىنىڭ نۇرىمۇ بار بولىدۇ: «شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، كەچ كىرگەندە ئالەم يورۇتۇلىدۇ».

بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە بۇ «كەچلىك نۇر» مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ، دېيىلىدۇ. دېمەك، شۇ كۈنلەردە كېچىدە كۈندۈزگە ئوخشاش يورۇقلۇق بولىدۇ. خۇداغا نىسبەتەن «مىڭ يىل» پەقەت «بىر كۈن» بولىدۇ (ئىنجىل، «2پېت.» 8:3، «ۋەھىي» 20-بابنى كۆرۈڭ). بىز بۇ پىكىرگە مايىلمىز. ھېچ بولمىغاندا، مەسىھنىڭ «مىڭ يىللىق» ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان ۋاقىتتا: «پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنىڭ جاراھىتىنى تاڭىدىغان، يەنى ئۇلارنىڭ قامچا يارىسىنى ساقايتقان شۇ كۈندە، ئاي شولىسى قۇياش نۇرىدەك، ۋە قۇياش نۇرى بولسا يەتتە ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ، يەنى يەتتە كۈندىكى نۇرغا باراۋەر بولىدۇ» ــ ۋە بەلكىم سەلتەنىتىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىدىمۇ شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن («يەش.» 26:30).

بۇ پارلاق جىسمانىي نۇر «خۇدانىڭ قالدىسى»نىڭ ئەينى چاغدىكى روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بۇ پارلاق كۈننىڭ ھارپا كۈنىدە «كەچ كىرگەندە» ــ دېمەك، يەھۇدىي خەلقى ئۆچۈن ئەڭ قاراڭغۇلۇق ۋە دەرد-ئەلەملىك پەيتتە «ئالەم يورۇتۇلىدۇ»؛ يەنى «نامىمدىن ئەيمىنىدىغان سىلەر ئۈچۈن، قاناتلىرىدا شىپا-دەرمان ئېلىپ كېلىدىغان، ھەققانىيلىقنى چاچىدىغان قۇياش ئۆرنىدىن تۇرىدۇ» («مال.» 4:4) ــ شۇ چاغدا دەرۋەقە مەغپىرەت ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ نۇرى بىلەن «ئالەم يورۇتۇلىدۇ».

«ئورنۇڭدىن تۇر، نۇر چاچ! (ئى ئىسرائىل!) چۈنكى نۇرۇڭ يېتىپ كەلدى، پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ئۈستۈڭدە كۆتۈرۈلدى!» («يەش.» 1:60).

«شۇ كۈنى»نىڭ كۆپ ئاجايىب نەتىجىلىرى بۇ بابتىكى قالغان ئايەتلەردە بايان قىلىنىدۇ: ــ

(1) مەسىھنىڭ كېلىشى بىلەن يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ۋە بەلكىم باشقا تەبىئىي ھادىسىلەر بىلەن پەلەستىن زېمىنىدا، جۈملىدىن يېرۇسالېمنىڭ ھالىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ جىسمانىي ئۆزگىرىشلەر باشقا بېشارەتلەردە كۆرسىتىلىدۇ: ــ

«چوڭ قىرغىنچىلىق بولغان، مۇنارلار ئۆرۈلگەن شۇ كۈنى، ھەربىر ئۇلۇغ تاغدا ۋە ھەربىر ئېگىز دۆڭدە بولسا، ئەنھارلار ۋە ئېرىقلار بولىدۇ» («يەش.» 25:30).

يېرۇسالېمدا: «ئاخىر زامانلاردا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى جايلاشقان تاغ تاغلارنىڭ بېشى بولۇپ بېكىتىلىدۇ، ئۇ ھەممە تاغ-دۆڭدىن ئۈستۈن قىلىپ كۆتۈرۈلىدۇ» («يەش.» 2:2).

8-ئايەت: — «شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، ھاياتلىق سۇلىرى يېرۇسالېمدىن ئېقىپ چىقىدۇ؛ ئۇلارنىڭ يېرىمى شەرقىي دېڭىزغا، يېرىمى غەربىي دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ؛ يازدا ۋە قىشتا شۇنداق بولىدۇ».

بۇ ئايەتتە «شەرقىي دېڭىز» «ئۆلۈك دېڭىز»نى، «غەربىي دېڭىز» «ئوتتۇرا دېڭىز»نى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئىش «يوئېل» دېگەن كىتابتىمۇ كۆرسىتىلىدۇ: — «...يەھۇدادىكى بارلىق ئېرىق-ئۆستەڭلەردە لىق سۇ ئاقىدۇ؛ ھەم پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدىن بىر بۇلاق چىقىدۇ، شىتتىم جىلغىسىنى سۇغىرىدۇ» («يو.» 18:3) («شىتتىم جىلغىسى» يېرۇسالېمنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، ئىئوردان جىلغىسىغا تۇتىشىدۇ — «چۆل.» 1:25نى كۆرۈڭ. «شىتتىم» بەلكى ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇ دەرەخلەر پەقەت قاغجىراق رايونلاردا ئۆسىدۇ).

ئەزاكىيال پەيغەمبەرمۇ بۇ ئىشلار توغرىسىدا (بولۇپمۇ شەرققە قاراپ ئاقىدىغان دەريا توغرۇلۇق) 1:47-12دە سۆزلەيدۇ. «ئەز.» 12:47دە «دەريا بويىدا، ئۇ ۋە بۇ قېتىدا، ئوزۇق بولىدىغان ھەرخىل دەرەخلەر ئۆسىدۇ. ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى سولاشمايدۇ، ئۇلار مېۋىسىز قالمايدۇ؛ ئۇلار ھەر ئايدا مېۋىلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇنى سۇغىرىدىغان سۇلار مۇقەددەس جايدىن چىقىدۇ؛ ئۇلارنىڭ مېۋىسى، ئوزۇق، ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى دورا-دەرمانلار بولىدۇ» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ بېشارىتى بويىچە دەريا «ئۆلۈك دېڭىزدىكى سۇلارنى ساقايتىدۇ» ۋە شۇنىڭ بىلەن بېلىقلار ئۇنىڭدا كۆپىيىدۇ. ئوقۇرمەنلەر بىلىدۇكى، «ئۆلۈك دېڭىز» دەرۋەقە ئىسمى جىسمىغا تولىمۇ لايىق، چۈنكى ئۇنىڭدا بۈگۈنگىچە ھېچقانداق جانلىق يوقتۇر.

«زەبۇر» 46-كۈيدىمۇ «زەكەرىيا»دىكى ئاخىرقى بابلاردا ئېيتىلغان ۋەقەلەر

تەسۋىرلىنىدۇ. زەبۇرنىڭ مۇئەللىپى كۆرۈنۈشتە كەلگۈسىدىكى شەھەرنىڭ يېرۇسالېمغا قاراپ: «خۇدانىڭ شەھىرىنى، يەنى ھەممىدىن ئالىي بولغۇچى ماكانلاشقان مۇقەددەس جايىنى، خۇرسەن قىلىدىغان ئېقىنلىرى شاخلىغان بىر دەريا باردۇر» دەيدۇ. مۇشۇ كۆيىنىڭ بېشىدا پۈتكۈل يەر يۈزى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنىدىغان ئەھۋال سۈپەتلىنىدۇ: «شۇڭا يەر ئۆرۈلۈپ، تاغلار قومۇرۇلۇپ دېڭىز تەگلىرىگە چۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ دولقۇنلىرى شاۋقۇنلىنىپ قايناپ بولسىمۇ، ئۆركەشلىرى بىلەن تاغلار سىلكىنىپ كەتسىمۇ، قورقمايمىز» («زەبۇر» 46-كۈيدىن). قارىغاندا، مەزكۇر دەريا بۇ چوڭ ئاپەت ئىچىدە پەيدا بولىدۇ.

ئېرەم باغچىسى توغرۇلۇق: «باغنى سۇغىرىشقا ئېرەمدىن بىر دەريا ئېقىپ چىقتى؛ ئاندىن بۆلۈنۈپ، تۆت ئېقىن بولدى» دېيىلىدۇ («يار.» 10:2). قارىغاندا، بۇ بەرىكەتلىك قەدىمكى سۇلار ھازىر يېرۇسالېمغا يۆتكىلىپ، «خۇدانىڭ شەھىرىنى خۇرسەن قىلىپ»، يەر يۈزىدىكى باشقا جايلارنى سۇغۇرۇپ مۇنبەت قىلىدىغان بولىدۇ.

(2) بۇ جىسمانىي بەخت-بەرىكەتلەر يەر يۈزىدىكى روھىي ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خۇدانىڭ شاپائىتى ۋە نىجاتى يېرۇسالېمدىن ئېقىپ بارلىق ئەللەرنى بەرىكەتلەيدۇ.

مەسىھدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بەخت-بەرىكەتلەردىن ھازىر ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن مەسىھدە ھازىرمۇ: «پەرۋەردىگار ئۆزى بىزگە شان-شەرەپلىك، بولغان، دەريالار، كەڭ ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر جاي بولىدۇ» («يەش.» 21:33). «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن» روسۇل يۇھاناغا ئاشكارىلانغاندا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ــ «ئۇ ماڭا خرۇستالدەك پارقىراق ھاياتلىق سۈيى ئېقىۋاتقان دەريانى كۆرسەتتى. دەريا خۇدانىڭ ۋە قوزىنىڭ تەختىدىن چىققان ...» («ۋەھ.» 1:22). روھىي دەريانىڭ مەنبەسى خۇدانىڭ ئۆزى، ئەلۋەتتە. كىمدە مەڭگۈلۈك ھايات بار بولسا، شۇ دەريا ئۇنىڭدىن ئېقىپ چىقىدۇ. مەسىھ ئەيسا شۇنداق ۋەدە قىلغان: «كىمدەكىم ئۇسسىسا، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئىچسۇن! ماڭا ئېتىقاد

قىلغۇچى كىشىنىڭ مۇقەددەس يازمىلاردا ئېيتىلغىنىدەك، ئۇنىڭ ئىچ-باغرىدىن ھاياتلىق سۈيىنىڭ دەريالىرى ئېقىپ چىقىدۇ!» («يۇھ.» 37:7).

«خۇدانىڭ دەريا-ئېرىقلىرى سۇغا تولغاندۇر» («زەب.» 65:9). ئەزاكىيال دەريانى غايىبانە كۆرۈنۈشتە كۆرۈپ: «(دەريا) مەن ئۆتەلمەيدىغان دەريا بولۇپ چىقتى؛ چۈنكى سۇلار ئۆرلەپ كەتتى؛ ئۇنىڭدا سۇ ئۈزگىلى بولاتتى، ئۇ ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا بولۇپ چىقتى» دەيدۇ («ئەز.» 5:47).

مەسىھنىڭ «مىڭ يىللىق» سەلتەنىتىنىڭ بېشىدا شۇ روھىي دەريا پۈتكۈل يەر يۈزىگە ئېقىشى بىلەن «خۇددى سۇلار دېڭىزنى قاپلىغاندەك، پۈتۈن يەر يۈزى پەرۋەردىگارنى بىلىپ-تونۇش بىلەن قاپلىنىدۇ» («ھاب.» 14:2).

«پەرۋەردىگار پۈتكۈل يەر يۈزى ئۈستىدە پادىشاھ بولىدۇ؛ شۇ كۈنى پەقەت بىر «پەرۋەردىگار» بولىدۇ، يەر يۈزىدە بىردىنبىر ئۇنىڭلا نامى بولىدۇ» (9-ئايەت).

بۇ ئەھۋال رەببىمىز مۇخلىسلىرىغا: «سېنىڭ نامىڭ مۇقەددەس دەپ ئۇلۇغلانغاي. سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ كەلگەي» ۋە «پادىشاھلىقىڭ نامايان قىلىنغاي» دەپ ئۆگەتكەن دۇئانىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنىدۇر («مات.» 10:6، «لۇقا» 2:11).

بۇنىڭدا ئۈچ نۇقتا بار: —

(ئا) پەرۋەردىگار پادىشاھ بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆز ۋەكىلى بولغان مەسىھ ئارقىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. مەسىھنىڭ پادىشاھ بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ خۇدانىڭ سۆز-كالامى ياكى «خۇدانىڭ ئوغلى» بولغىنىدىنلا ئەمەس، بەلكى «ئىنسانئوغلى» بولغىنىدىن بولىدۇ. خۇدا ئەسلىدە ئادەمئاتىمىزغا: «سىلەر نەسىللىنىپ، كۆپىيىپ، يەر يۈزىنى تولدۇرۇپ ئۇنى بويسۇندۇرۇڭلار؛ دېڭىزدىكى بېلىقلار، ئاسماندىكى ئۇچارقاناتلارغا، شۇنىڭدەك يەر يۈزىدە يۈرىدىغان ھەربىر ھايۋانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىڭلار» دېگەن («يار.» 26:1). لېكىن ئادەمئاتىمىز ھاۋائانىمىز بىلەن گۇناھى تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ شۇ ئۇلۇغ مەقسىتىدىن مەھرۇم

بولدى. لېكىن ئالەمدە بىر بولغان ھەقىقىي، تولۇق، نۇقسانسىز ئىنسان بولغان مەسىھ ئەيسا بۇنى «شۇ كۈنى»دە ئەمەلگە ئاشۇردۇ. جەبرائىل پەرىشتە ئەسلىدە ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى توغرۇلۇق مەريەمگە دېگەندەك بولىدۇ: «ئۇ ئۇلۇغ بولىدۇ، ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ ئوغلى، دەپ ئاتىلىدۇ؛ ۋە پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنىڭغا ئاتىسى داۋۇتنىڭ تەختىنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ ياقۇپنىڭ جەمەتى ئۈستىگە مەڭگۈ سەلتەنەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى تۈگىمەستۇر».

ئىنسانلار تېخى مۇكەممەل پادىشاھنى كۆرۈپ باقمىغان؛ لېكىن داۋۇت پادىشاھ مۇقەددەس روھنىڭ يوليورۇقى بىلەن «مۇكەممەل پادىشاھ» توغرۇلۇق مۇنۇ بېشارەتنى بەرگەن: «كىمكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن سەلتەنەت قىلسا،

كىمكى خۇدادىن قورقۇش بىلەن سەلتەنەت قىلسا،
ئۇ قۇياش چىققاندىكى تاڭ نۇرىدەك،
بۇلۇتسىز سەھەردەك بولىدۇ،
يامغۇردىن كېيىن ئاسمان سۈزۈك بولۇشى بىلەن،
يۇمران مايسىلار تۇپراقتىن چىقىدۇ؛
مانا ئۇ شۇنداق بولىدۇ» («2سام.» 1:23-4).

(ئە) مەسىھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ كۆلىمى «پۈتكۈل يەر يۈزى ئۈستىدە» بولىدۇ. پەلەستىن ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزى بولىدۇ، لېكىن: «ئۇ دېڭىزدىن-دېڭىزلارغىچە، ئەفرات دەرياسىدىن يەر يۈزىنىڭ چەتلىرىگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ»، ۋە: «دەرۋەقە، بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىدۇ، پۈتكۈل ئەللەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ» («زەب.» 8:72، 11)؛ چۈنكى شۇ چاغدا دۇنيانىڭ بارلىق پادىشاھلىقلىرى «پەرۋەردىگارىمىز ۋە ئۇنىڭ مەسىھىنىڭ پادىشاھلىقى» بولىدۇ، ۋە ئۇ «ئەبەدىلئەبەدگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ» («ۋەھ.» 15:11) ۋە خۇدانىڭ ئىرادىسى «ئەرشتە ئادا قىلىنغاندەك يەر يۈزىدىمۇ ئادا قىلىنىدۇ» («مات.» 10:6). شۇڭا زەكەرىيا پەيغەمبەر 16-ئايەتتە يەنە: «بارلىق ئەللەر... ھەر يىلى يېرۇسالېمغا، پادىشاھقا، يەنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشقا ... چىقىدۇ» دەپ بېشارەت بېرىدۇ.

دېمەك، دەل خۇدا ۋە ئۇنىڭ مەسىھىنى ئەڭ ھاقارەت قىلغان جايدا، يەنى يەر يۈزىدە، ئۇ زور ھۆرمەتلىنىدۇ، شۇنداقلا مۇقەددەس، شەرەپلىك ۋە تولىمۇ مېھىر-مۇھەببەتلىك دەپ قارىلىپ مەدھىيىلىنىدۇ.

روسۇل پاۋلۇس دېگەندەك: «ئەيسانىڭ نامىغا ئاسمانلاردا، يەر يۈزىدە ھەم يەر ئاستىدا بارلىق تىزلار پۈكۈلۈپ، خۇدائاتىغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ ھەربىر تىل ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ» («فىل.» 2:10-11).

(ب) شۇ كۈنى «پەقەت بىر «پەرۋەردىگار» بولىدۇ، يەر يۈزىدە بىردىنبىر ئۇنىڭلا نامى بولىدۇ» دېيىلىدۇ. دېمەك، ئىسرائىللار ۋە ئەللەر ھېچقانداق بۇتنى (بۇرۇنقىدەك قالايمىقانلارچە) «پەرۋەردىگار» دەۋالمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن «بارلىق يەر-زېمىنىنىڭ خۇداسى»، «بىردىنبىر مەڭگۈ ئۆلمىگۈچى، ... مۇبارەكلەشكە لايىق بولغان بىردىنبىر ھۆكۈمران، يەنى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، رەبلەرنىڭ رەببى» دەپ ئاتىلىدۇ («يەش.» 5:54، «1تىم» 6:15).

«شۇنىڭ بىلەن كىمكى ئۆزىگە بىر بەختنى تىلىسە، «ئامىن» دېگۈچى خۇدانىڭ نامى بىلەن ئاشۇ بەختنى تىلەيدۇ؛ كىمكى قەسەم ئىچمەكچى بولسا، ئەمدى «ئامىن» دېگۈچى خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ» («يەش.» 16:65). پۈتكۈل يەر يۈزىدىكىلەر ئۆتكەندە چوقۇنغان بۇتلارنى تاشلاپ: «ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنىڭ كۈچۈم ۋە قورغىنىمسەن، ئازاب-ئوقۇبەت كۈنىدە باشپاناھىمسەن. ئەللەر بولسا يەر يۈزىنىڭ چەت-چەتلىرىدىن يېنىڭغا كېلىدۇ ۋە: «بەرھەق، ئاتا-بوۋىلىرىمىز يالغانچىلىق ھەم بىمەنىلىككە مىراسخورلۇق قىلغان؛ بۇ نەرسىلەردە ھېچ پايدا يوقتۇر. ئىنسانلار ئۆز-ئۆزىگە خۇدالارنى ياسىيالامدۇ؟! لېكىن ياسىغىنى خۇدا ئەمەستۇر!» دەپ ئېتىراپ قىلىشىدۇ» («يەر.» 16:19-20).

(10-11-ئايەت) «گېبادىن يېرۇسالېمنىڭ جەنۇبىدىكى رىممونغىچە بولغان پۈتۈن زېمىن «ئاراباھ»دەك تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇلىدۇ؛ يېرۇسالېم بولسا «بىنيامىن دەرۋازىسى»دىن «بىرىنچى دەرۋازا»غىچە ۋە يەنە «بۇرجەك دەرۋازىسى»غىچە، «ھانانىيەلنىڭ مۇنارى»دىن

پادىشاھنىڭ شاراب كۆلچەكلىرىگىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، لېكىن شەھەر يەنىلا ئۆز جايىدا شۇ پېتى تۇرىدۇ؛ ئادەملەر يەنە ئۇنىڭدا تۇرىدۇ. «ھالاك پەرمانى» يەنە ھېچ چۈشۈرۈلمەيدۇ؛ يېرۇسالېم خاتىرجەملىكتە تۇرىدۇ».

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يېرۇسالېم شەھىرى يەر يۈزىدىكى ھەربىر جايدىن ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ھازىر سەككىز تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىدۇر («زەب.» 2:125نى كۆرۈڭ). شۇ چاغدا يېرۇسالېم دەرۋەقە «پۈتكۈل جاھاننىڭ خۇرسەنلىكىدۇر... بۈيۈك پادىشاھنىڭ شەھىرى!» دەپ ئاتىلىدۇ («زەب.» 2:48).

«گېبا» شەھىرى بەلكىم «گىبېئاھ»قا ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇ «يەش.» 24:18، «2پاد.» 8:23دە تىلغا ئېلىنغان، يەھۇدانىڭ شىمال تەرىپىدە ئىدى. رىممون جەنۇبىي چېگراسىدا بولغاچقا، كۆرسىتىلگەن كۆلەم بەلكىم پۈتكۈل يەھۇدا زېمىنى بولۇشى كېرەك. «ئاراباھ» ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى ئۇزۇن ۋە تۈۋەن بىر تۈزلەڭلىكتۇر؛ شۇڭا ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئىش يەھۇدانىڭ پۈتكۈل زېمىنى كۆتۈرۈلۈپ، يېگى بىر تۈزلەڭلىك بولىدىغانلىقىدۇر.

خۇلاسىلىساق، يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلار (ئاتمىش كىلومېترچە ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكتە) تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

يېرۇسالېمغا كەلسەك، ««بىنيامىن دەرۋازىسى»دىن «بىرىنچى دەرۋازا»غىچە» ۋە يەنە ««بۇرجەك دەرۋازىسى»غىچە» دېيىلگىنى يېرۇسالېمنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە بارلىق جايلارنى ۋە ««خانانەلنىڭ مۇنارى»دىن «پادىشاھنىڭ شاراب كۆلچەكلىرى»گىچە» ئۇنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغىچە بولغان بارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ؛ دېمەك، پۈتۈن شەھەرنى بىلدۈرىدۇ؛ پۈتكۈل شەھەر ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ؛ «يەر.» 18:30دە «شەھەر خارابىلىرى ئۆل قىلىنىپ (ئىبرانىي تىلىدا «ئۆز دۆگى ئۈستىدە») قايتىدىن قۇرۇلىدۇ» دېيىلگەندەك.

قايتىدىن يەشايانىڭ يېرۇسالېم توغرىسىدا بېشارىتىنى نەقىل كەلتۈرسەك: —

«ئاخىر زامانلاردا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى جايلاشقان تاغ تاغلارنىڭ بېشى بولۇپ بېكىتىلىدۇ، ئۇ ھەممە تاغ-دۆڭدىن ئۈستۈن قىلىپ كۆتۈرۈلىدۇ» («يەش.» 2:2).

11-ئايەت: — «شۇنداقتىمۇ ئۆز جايىدا تۇرۇشلۇق بولىدۇ؛ ئادەملەر يەنە ئۇنىڭدا تۇرىدۇ. «ھالاك پەرمانى» يەنە ھېچ چۈشۈرۈلمەيدۇ؛ يېرۇسالېم خاتىرجەملىكتە تۇرىدۇ».

دېمەك: (ئا) يېرۇسالېمدىكىلەر ئىككىنچى سۈرگۈن بولمايدۇ ياكى يۇرتىدىن قېچىشىنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ؛ «ياقۇپ قايتىپ كېلىدۇ، ئارام تېپىپ ئازادە تۇرىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنى قورقۇتمايدۇ» («يەر.» 10:30).

(ئە) ««ھالاك پەرمانى» يەنە ھېچ چۈشۈرۈلمەيدۇ».

«ھالاك پەرمانى» (ياكى «ھالاك لەنىتى») — ئۆتكەندە خۇدا (ئىبرىي گۇناھ تۈپەيلىدىن) مەلۇم بىر نەرسە، ئادەم، ئائىلە، شەھەر ياكى ھەتتا پۈتۈن بىر خەلق توغرۇلۇق «ھالاك پەرمانى» (ئىبرانىي تىلدا «ھەرەم») چۈشۈرگەن بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇتلەق يوقىتىش كېرەك ئىدى (مەسىلەن، «قان.» 7:25-26، 13:12-17، «لاۋ.» 27:29، «يەشۇ.» 6:17-18، 7:11-13نى كۆرۈڭ). لېكىن ھازىر ئىسرائىلدا «ھالاك پەرمانى» چۈشۈرۈلگۈدەك گۇناھلار ھېچ تېپىلمايدۇ. ئىسرائىلنىڭ ئۆتكەن دەۋرلىرىدە خۇدا: «ئىبادەتخانامدىكى بېتەكلىكۈچىلەرنى ناپاك قىلىپ قالدۇرىمەن، ھەمدە ياقۇپنى ھالاك لەنىتىگە ئۇچراشقا، ئىسرائىلنى رەسۋاچىلىقتا قالدۇرۇشقا بېكىتتىم» دېگەن، («يەش.» 28:43)، لېكىن شۇ چاغدىكى ئىسرائىلنىڭ روھىي ھالىتى قەتئىي ئۆتكەنكىدەك بولمايدۇ.

(ب) «يېرۇسالېم خاتىرجەملىكتە تۇرىدۇ». سېپىلسىز ۋە ئىستىھكامسىز بولسىمۇ، يېرۇسالېم ئۈچۈن ھېچ قورققۇدەك ئىش بولمايدۇ. چۈنكى خۇدا «مەن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوت-يالقۇن سېپىلى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شان-شەرىپى بولىمەن» (5:2)؛ «پەرۋەردىگار... نىجاتنى ئۇنىڭغا سېپىل ۋە تىرەكلەر قىلىپ بېكىتىپ قويىدۇ» دەيدۇ («يەش.» 1:26).

بۇ ئىشلاردا يەر يۈزىدىكى يېرۇسالېم ئەرشتىكى، مەڭگۈلۈك يېڭى يېرۇسالېمنىڭ ئەكسى بولىدۇ: —

«چۈنكى قاراڭلار، مەن يېڭى ئاسمانلارنى ۋە يېڭى زېمىننى يارىتىمەن؛ ئىلگىرىكى ئىشلار ھېچ ئەسلەنمەيدۇ، ھەتتا ئەسكە كەلمەيدۇ.

ئەكسىچە سىلەر مېنىڭ يارىتىدىغانلىقىمدىن خۇشاللىنىڭلار؛
مەڭگۈگە شاد-خۇراملىقتا بولۇڭلار،
چۈنكى مەن يېرۇسالېمنى شاد-خۇراملىق،
ئۇنىڭ خەلقىنى خۇشاللىق بەرگۈچى قىلىپ يارىتىمەن.
ئۆزۈممۇ يېرۇسالېمدىن شاد-خۇراملىقتا بولىمەن، ھەم ئۆز خەلقىمدىن خۇشاللىنىمەن؛ ئۇنىڭدا نە يىغا ئاۋازى، نە نالە-پەريادلار ئىككىنچى ئاڭلانمايدۇ؛ ئۇنىڭدا يەنە بىرنەچچە كۈنلۈك چاچراپ كەتكەن بوۋاق بولمايدۇ، ياكى ۋاقتى توشماي ۋاقىتسىز كەتكەن بوۋاي بولمايدۇ؛ يۈز ياشقا كىرگەن بولسا «يىگىت» سانىلىدۇ، شۇنىڭدەك گۇناھكار يۈز ياشقا كىرىپ ئۆلگەن بولسا «خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان» دەپ ھېسابلىنىدۇ...
ئۇلار بىكارغا ئەمگەك قىلمايدۇ؛ ياكى ئۇلارنىڭ باللىرى تۇغۇلغاندا كېلەچىكى تۇغرۇلۇق ۋەھىمە مەۋجۇت بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگار بەخت ئاتا قىلغان نەسىلدۇر، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ شۇنداق.
ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار نىدا قىلىپ چاقىرماستىنلا، مەن ئىجابەت قىلىمەن؛ ئۇلار دۇئا قىلىپ سۆزلەۋاتقىنىدىلا، مەن ئۇلارنى ئاڭلايمەن. بۆرە ھەم پاخلان بىلەن بىللە ئوزۇقلىنىدۇ؛ شىر بولسا كالىدەك سامان يەيدۇ؛ يىلاننىڭ رىزقى بولسا توپا-چاڭلا بولىدۇ. مېنىڭ مۇقەددەس تېغىمنىڭ ھەممە يېرىدە ھېچ زىيانكەشلىك بولمايدۇ؛ ھېچ بۇزغۇنچىلىق بولمايدۇ» («يەش.» 65:17-25). «يېڭى يېرۇسالېم» بولسا «ۋەھ.» 1:21-2، 9:21-5:22دە ئايان قىلىنىدۇ.
شۇ كۈنلەردە «ئۇ ئۆلۈمنى مەڭگۈگە يۇتۇۋالىدۇ! رەب پەرۋەردىگار ھەربىر يۈزدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋېتىدۇ؛ پۈتۈن يەر-زېمىن ئالدىدا ئۆز خەلقىنىڭ شەرمەندىلىكىنى ئېلىپ تاشلايدۇ؛ چۈنكى پەرۋەردىگار شۇنداق ئېيتقان» («يەش.» 8:25).
ھازىر بىز 12-15-ئايەتلەرگە ئۆتەيلى. 3-ئايەتتە: «پەرۋەردىگار چىقىپ شۇ ئەللەر بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ئۇ جەڭ قىلغان كۈندىكىدەك ئۇرۇشىدۇ»

دېيىلىدۇ. بۇ 12-15-ئايەتلەردە ئالدىنئالا ئېيتىلغان ئىشلار خۇدانىڭ شۇ جىڭنىڭ تەپسىلاتلىرى، يەنى ئۆزىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ دۈشمەنلىرىگە چۈشۈرگەن جازالىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، 4:12-10-ئايەتلەر ئۈچۈن «قوشۇمچە سۆز» دېيىشكە بولىدۇ.

«ۋە پەرۋەردىگار يېرۇسالېمغا جەڭ قىلغان بارلىق ئەللەرنى ئۇرۇشقا ئىشلەتكەن ۋابا شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار ئۆرە بولسىلا گۆشلىرى چىرىپ كېتىدۇ؛ كۆزلىرى چاناقلىرىدا چىرىپ كېتىدۇ؛ تىللىرى ئاغزىدا چىرىپ كېتىدۇ. شۇ كۈنى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەرۋەردىگاردىن زور بىر ئالاقزادىلىك چۈشىدۇ؛ ئۇلار ھەربىرى ئۆز يېقىنىنىڭ قولىنى تۇتۇشىدۇ، ھەربىرىنىڭ قولى يېقىنىنىڭ قولىغا قارشى كۆتۈرۈلىدۇ» (12-13-ئايەت).

خۇدانىڭ جازاسىدا ئۈچ ئامىل بار: –

(ئا) 12-ئايەتتىكى قورقۇنچلۇق ۋابا (رادىياتسىيە كېسىلىگە ئوخشايدۇ)؛

(ئە) ئۇ چۈشۈرگەن «ئالاقزادىلىك» بىلەن دۈشمەنلەر بىر-بىرى بىلەن سوقۇشىدۇ (بۇ دەل ئاتلار ۋە ئاتلىقلارغا چۈشۈرۈلگەن «ساراڭلىق» ۋە «پاراكەندىلىك» بولسا كېرەك – 4:12). بۇنداق «ئالاقزادىلىك»نى پەرۋەردىگار ئىسرائىلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم ئىشلەتكەن؛ مەسىلەن، گىدېئون ۋە كىچىك قوشۇنىنى قۇتقۇزغاندا («ھاك.» 22:7)، يوناتان ۋە ياراغ كۆتۈرگۈچىسى غەلىبە قىلغاندا ئىشلەتكەن («1سام.» 16:14-20). ئەڭ تىپىك مىسال يەھوشافات پادىشاھنىڭ دۇئاسى بىلەن يەھۇداغا قارشى چىققان موئاب ۋە ئاممون ۋە سېئىردىكىلەرنىڭ چوڭ قوشۇنلىرى بىر-بىرى بىلەن سوقۇشقاندا، يەھۇدا ئۇلاردىن قۇتقۇزۇلىدۇ («2تار.» 20-بابتا خاتىرىلىنىدۇ).

(ب) خۇدانىڭ كۈچلەندۈرۈشى بىلەن يەھۇدانىڭ «قالدى»سى «ئوتتۇنلار ئارىسىدىكى ئوتداندەك، ئۆنچىلەر ئارىسىدىكى مەشئەلدەك» بولىدۇ؛ ئۇلار دۈشمەنلەرنى «ئوتۇق ۋە سول تەرەپتە يەۋېتىدۇ» (6:12).

ئىبرانىي تىلدا 12-ئايەت «ئۇلارنىڭ كۆزى (بىرلىك شەكلدە) ئۇلارنىڭ چانقىدا چىرىپ كېتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ تىلى (بىرلىك شەكلدە) ئۇلارنىڭ ئاغزىدا چىرىپ كېتىدۇ» دېيىلىدۇ. جۈملىنىڭ بۇنداق ئالاھىدە شەكلدە ئىپادىلىنىشى بەلكىم خۇدانىڭ جازاسىنىڭ ئۆزىگە قارشى چىققانلارنىڭ ھەربىرىگە

مەخسۇس قارىتىلغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىسرائىلنى مازاق قىلىپ: «كۆزىمىز زىئوننىڭ ئىزاسىنى كۆرسۇن!» دەپ قارىغان كۆزلىرى («مىك.» 11:4) ۋە خۇدانى تىللاپ كۇپۇرلۇق قىلغان تىللىرىنىڭ ھەربىرى شۇنداق چىرىپ كېتىدۇ.

«يەھۇدامۇ يېرۇسالېمدا جەڭ قىلىدۇ؛ ئەتراپىدىكى بارلىق ئەللەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرى جەم قىلىپ يىغىلىدۇ ــ سان-ساناقسىز ئالتۇن-كۈمۈش ۋە كىيىم-كېچەكلەر بولىدۇ» (14-ئايەت).

يەھۇدا غەيرەت ئېلىپ يېرۇسالېمدىكىلەر بىلەن بىللە جەڭ قىلىدۇ.

«ئەللەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرى جەم قىلىپ يىغىلىدۇ، ــ سان-ساناقسىز ئالتۇن-كۈمۈش ۋە كىيىم-كېچەكلەر (ئولجا بولغان)» ــ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ۋەقەلەر «2تار.» 20-بابتا ۋە «2پاد.» 7:2-8دە خاتىرىلىنىدۇ.

«ئات، قېچىر، تۆگە، ئېشەك، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بارگاھلىرىدا بولغان بارلىق مال-ۋارانلار ئۈستىگە چۈشكەن ۋابا يۇقىرىقى ۋاباغا ئوخشاش بولىدۇ» (15-ئايەت). يۇقىرىدا «ھالاك پەرمانى» («ھەرەم») توغرۇلۇق ئازراق توختالدۇق؛ بۇمۇ بىر مىسال. ئىسرائىل پەلەستىنگە كىرگەندە ئاقان دېگەن بىرلا ئادەمنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقان ۋە ئائىلىسىدىكىلەرلا بولۇپ قالماي، ئۇنىڭ بارلىق كالا، ئېشەك ۋە قويلىرى «ھالاك پەرمانى» ئاستىغا قويۇلۇپ چالما-كېسەك قىلىنىپ، ئاندىن كۆيدۈرۈلدى («يە.» 24:7-25).

ئىنساننىڭ گۇناھى پۈتكۈل كائىنات، بارلىق جانىۋارلارنى ئۆزىنىڭ جازاسىغا چېتىلدۇرۇپ، ئازابلىق تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ھالبۇكى، مەسىھنىڭ نىجاتىنىڭ تەسىرى پۈتكۈل كائىنات، بارلىق جانىۋارلارغا بەخت-بەرىكەت يەتكۈزگەن:

«كائىناتنىڭ ئۆزىنىڭ چىرىكلىشىشى بولغان قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، پۈتكۈل كائىنات (جۈملىدىن جانىۋارلار، ئەلۋەتتە)... خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىگە بېغىشلىنىدىغان شان-شەرەپكە تەۋە بولغان ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ» («رىم.» 20:8-22).

16-ئايەت: — «شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، يېرۇسالېمغا جەڭ قىلىشقا كەلگەن ھەممە ئەللەردىن بارلىق تىرىك قالغانلار ھەر يىلى يېرۇسالېمغا، پادىشاھقا، يەنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە «كەپىلەر ھېيتى»نى تەبرىكلەشكە چىقىدۇ».

خۇدانىڭ شۇ ھۆكۈم-جازالىرىنىڭ ئىجابىي نەتىجىسمۇ بار؛ يەشايا پەيغەمبەر دېگەندەك: «(خۇدانىڭ) ھۆكۈملىرى يەر يۈزىدە كۆرۈنگەن بولسا، يەر يۈزىدىكىلەر ھەققانىيلىقنى ئۆگىنىدۇ» (يەشايا» 9:26). مۇشۇنىڭ مېۋىسى «ئەللەردىن بارلىق تىرىك قالغانلار» بىردىنبىر ھۆكۈم سۈرگۈچىگە ئىبادەت قىلىشقا يېرۇسالېمغا چىقىدۇ. شۈبھىسىزكى، شۇ ئەللەردىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىبادەتكە چىقىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا: «مەن بارلىق ئەللەرنى يېرۇسالېمغا جەڭ قىلىشقا يىغىمەن» دېيىلىدۇ؛ لېكىن بۇنىڭدىمۇ ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرى ئۆزلىرىگە ۋەكىل بولۇپ كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

نېمىشقا ئەللەر «كەپىلەر ھېيتى»نى (باشقا ھېيتنى ئەمەس) تەبرىكلەشكە» چىقىدۇ؟ بىز بۇ مەسىلە توغرۇلۇق، يەنى خۇدا ئىسرائىلغا بېكىتكەن ھېيتلار توغرۇلۇق «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختالدۇق. قىسقىسى، «كەپىلەر ھېيتى» (ياكى «كەپە تىكىش ھېيتى») (ئا) ھەر يىلدىكى ئاخىرقى ھوسۇلنى تەبرىكلەيدۇ؛ مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق سەلتەنىتى كەلگەندە، «ئاخىرقى روھىي ھوسۇل» يىغىلىدى؛ (ئە) مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق سەلتەنىتىدە «خۇدانىڭ ماكانى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىدۇر» (چېدىر ياكى كەپە تىككەندەك) («ۋەھ.» 3:21) — مۇشۇ ئىش «كەپە تىكىش» بىلەن تەبرىكلىنىدۇ. (ب) بۇ ھېيت يىلنىڭ ھېيتلىرى ئىچىدە يەتتىنچى، يەنى ئاخىرقى ھېيت بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «ھېيتلارنىڭ ھېيتى» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ ھېيتى» دېيىشكە بولىدۇ («لاۋ.» 39:23).

خۇدانىڭ شۇ ھېيت توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىدە «خۇشاللىق» ئىنتايىن تەكىتلىنىدۇ: «بىرىنچى كۈنى سىلەر ئېسىل دەرەخلەردىن شاخ-پۇتاقلارنى چاتاپ، يەنى خورما دەرەخلىرى بىلەن قويۇق يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ، ئېرىق بويىدىكى سۆگەت

چۈشقلىرىنى قىرقىپ خۇدايىڭلار پەرۋەردىگار ئالدىدا يەتتە كۈننى شۇنداق شاد-خۇرام ئۆتكۈزىسىلەر. سىلەر ھەر يىلى بۇ يەتتە كۈننى پەرۋەردىگارغا ئاتىغان بىر ھېيت سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈڭلار... سىلەر يەتتە كۈنگىچە كەپىلەردە تۇرۇڭلار... بۇنىڭ بىلەن مەن ئىسرائىللارنى مىسىر زېمىنىدىن چىقارغىنىمدا، ئۇلارنى كەپىلەردە تۇرغۇزغىنىمنى ئەۋلادلىرىڭلار بىلىدۇ. ئۆزۈم خۇدايىڭلار پەرۋەردىگاردۇرمەن» («لاۋ.» 40:23-43).

شۇڭا ھېيتنىڭ شاد-خۇراملىقى مەسىھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ شاد-خۇراملىقىغا دەل ۋەكىللىك قىلىندۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ بەدەل تۆلەپ قۇتقۇزغانلىرى قايتىپ كېلىدۇ، كۈيلەرنى ئېيتىپ زىئونغا يېتىپ كېلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ باشلىرىغا مەڭگۈلۈك شاد-خۇراملىق قونىدۇ؛ ئۇلار خۇشاللىق ۋە شادلىققا چۆمگەن بولىدۇ؛ قايغۇ-ھەسرەت ھەم ئۇھ-نادامەتلەر بەدەر قاچىدۇ» («يەش.» 10:35).

باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، مەسىھنىڭ يەر يۈزىدىكى مىڭ يىللىق سەلتەنىتى مەڭگۈلۈك يېڭى ئاسمان-زېمىننىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە باشلىنىشىدۇر: —

«ئەرشتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىر ئاۋازنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «مانا، خۇدانىڭ ماكانى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىدۇر؛ ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماكانلىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ خەلقى بولىدۇ. خۇدا ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەر تامچە ياشنى سۈرتىدۇ؛ ئەمدى ئۆلۈم ئەسلا بولمايدۇ، نە ماتەم، نە يىغا-زار، نە قايغۇ-ئەلەم بولمايدۇ، چۈنكى بۇرۇنقى ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى» («ۋەھ.» 1:21-8دىن). مەسىھنىڭ ئۆلۈمىنىڭ تولۇق «روھىي ھوسۇلى» شۇ چاغدا كۆرۈنىدۇ: «مانا، ھەر ئەل، ھەر قەبىلە، ھەر مىللەتتىن بولغان، ھەرخىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان سان-ساناقسىز زور بىر توپ خالايىق تەختنىڭ ۋە قوزىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاق تون كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، قوللىرىدا خورما شاخلىرى تۇتقانىدى. ئۇلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «نىجات تەختتە ئولتۇرغۇچى خۇدايىمىزغا ۋە قوزىغا مەنسۇپ بولغاي!» دەپ ۋارقىرىشاتتى» («ۋەھ.» 9:7-10).

17-ئايەت: – «شۇنداق بولىدۇكى، يەر يۈزىدىكى قوۋم-جەمەتلەردىن پادىشاھقا، يەنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا ئىبادەتكە چىقمىغانلار بولسا، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يامغۇر ياغمايدۇ».

مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق سەلتەنىتىدە «خۇددى سۇلار دېڭىزنى قاپلىغاندەك، پۈتۈن يەر يۈزى پەرۋەردىگارنى بىلىپ-تونۇش بىلەن قاپلىنىدۇ» («ھاب.» 14:2)؛ گۇناھ-قەبىھلىك بېشىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە يول قويۇلمايدۇ. لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ باشقا بېشارەتلىرىدىن مىڭ يىللىق سەلتەنەتنىڭ بىرىنچى دەۋرىدىن كېيىن ئەللەردىن بەزىلىرى خۇداغا پەقەت كۆرۈنۈشتە بويسۇنىدۇ، دەپ بىلىمىز. شۇڭا مۇشۇ يەردە «بېشىغا تەدرىجىي چۈشىدىغان جازا» توغرۇلۇق ئاگاھ بېرىلىدۇ.

18-ئايەت: «مىسىر جەمەتى چىقىپ ھازىر بولمىسا، ئۇلارغىمۇ يامغۇر بولمايدۇ؛ بىراق پەرۋەردىگار «كەپىلەر ھېيتى»نى تەبرىكلەشكە چىقمايدىغان بارلىق ئەللەر ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان ۋابا ئۇلارغىمۇ چۈشۈرۈلىدۇ»

مىسىرنىڭ تېرىقچىلىقى يامغۇرغا ئانچە تايانمايدۇ، بەلكى نىل دەرياسىغا تايىنىدۇ؛ شۇڭا ئۇلارغا ئەسكەرتىلىدۇكى، ئىتائەتسىزلىك ئۈچۈن قوشۇمچە بىر «ۋابا» ئۇلارغا چۈشىدۇ. بۇنىڭ قانداق ۋابا ئىكەنلىكى دېيىلمەيدۇ.

19-ئايەتتە ئاگاھ قايتىلىنىدۇ: «بۇ مىسىرنىڭ جازاسى، شۇنداقلا «كەپىلەر ھېيتى»نى تەبرىكلەشكە چىقمايدىغان بارلىق ئەللەرنىڭ جازاسى بولىدۇ».

20-21-ئايەتلەردە بېشارەتنىڭ پەللىسىگە كېلىمىز. خۇدانىڭ ئەسلىدە ئىسرائىلنى چاقىرىپ: «سىلەر ماڭا كاھىنلاردىن تەركىب تاپقان خاس بىر پادىشاھلىق ۋە مۇقەددەس بىر قوۋم بولىسىلەر» دېگەن مۇددىئا-مەقسىتى ئاخىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ: –

«شۇ كۈنى ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئۈستىگە «پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ پاك-مۇقەددەس بولسۇن!» دەپ يېزىلىدۇ؛ پەرۋەردىگارنىڭ

ئۆيىدىكى بارلىق قاچا-قۇچىلارمۇ قۇربانگاھ ئالدىدىكى قاچىلارغا ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ؛ يېرۇسالېمدىكى ۋە يەھۇدادىكى بارلىق قاچا-قۇچىلارمۇ پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ پاك-مۇقەددەس بولىدۇ؛ قۇربانلىق قىلغۇچىلار كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ قۇربانلىق گۆشلىرىنى پىشۇرىدۇ؛ شۇ كۈنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە «قانائانلىق-سودىگەر» ئىككىنچى بولمايدۇ».

شۇ چاغدا ئالەمنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم بارلىق ئەللەر ئىسرائىل پۈتكۈل قوۋمىنىڭ پۈتۈنلەي خۇداغا ئاتالغانلىقىغا گۇۋاھچى بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇ يېڭى ئەھدىسى بويىچە خۇدا: «ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە سالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ يازغان» («يەر.» 33:31).

يېرۇسالېم ۋە يەھۇدانىڭ ئۆزى شۇنداق پاك-مۇقەددەس بولىدۇكى، ئۇلار «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»نىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئەللەردىن چىقىدىغان، ئىبادەت يولىدا قۇربانلىق قىلىدىغانلار شۇنچە كۆپ بولىدۇكى، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى قاچا-قۇچىلار ئۇلارنىڭ قۇربانلىق گۆشلىرىنى پىشۇرۇشىغا يەتمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە بولسا يەھۇدا ۋە يېرۇسالېمدا «مۇقەددەس» ۋە «ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان» دېگەن پەرقلەر يوقىغان بولىدۇ. ھەممىسى «مۇقەددەس» ھېسابلىنىدۇ.

«قانائانلىق-سودىگەر» ئىبرانىي تىلىدا «قانائانلىق» دېيىلىدۇ. ئۇ مۇشۇ يەردە پەلەستىندىكى قەدىمكى بۇتپەرەس مىللەتلەرنى ھەمدە «سودىگەر» دېگەن ئىككى مەنىنى كۆرسىتىدۇ. خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا ھېچقانداق بۇتپەرەس (خۇدانى بىرىنچى ئورۇنغا قويمىغان) كىشى ياكى «ئىبادەتنى سودىغا ئايلاندۇرغۇچى» مەنپەئەتپەرەس تېپىلمايدۇ.

«خۇدانىڭ پادىشاھلىقى»دا مەيلى مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق سەلتەنىتىدە ياكى ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىدا ھازىر بولغان مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقىدا بولسۇن «ھەرقانداق ھارام نەرسە ۋە ھەرقانداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلغۇچى ياكى يالغانچىلىق قىلغۇچى ئۇنىڭغا كىرەلمەيدۇ» («ۋەھ.» 27:21). شۇ كۈنى دەرۋەقە خۇدانىڭ ئۆيى «مېنىڭ ئۆيۈم «بارلىق ئەل-يۇرتلار ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدىغان ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

«ئىبادەتخانىنىڭ قانۇنى شۇنداق بولىدۇ: ئۇ تۇرغان تاغنىڭ چوققىسىنىڭ بىكىتىلگەن پاسىلغىچە بولغان دائىرىسى «ئەڭ مۇقەددەس» بولىدۇ؛ مانا، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ قانۇنىدۇر» («ئەزاكىيال» 12:43).

مەسىھنىڭ «مىڭ يىللىق سەلتەنەت»ى توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

تەۋرات 39-قىسىم

# «مالاكى»

## (مالاكى پەيغەمبەرنىڭ كىتابى)

(تەۋرات دەۋرىدە، خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان ئەڭ ئاخىرقى خىتابى)

## كىرىش سۆز

### پەيغەمبەر ئۆزى

مالاكى پەيغەمبەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلمەيمىز. يازمىسىدىن قارىغاندا، ئۇ يېرۇسالېمدا تۇرغان. ئۇنىڭ ئىسمى «مېنىڭ ئەلچىم» دېگەن مەنىدە. بۇ ئىبارە ئۇنىڭ يازمىسىدا كۆرۈلىدۇ، بىراق پەيغەمبەر بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئەمەس، باشقا بىرسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### يېزىلغان ۋاقتى

كىتابنىڭ ئۆزى بىزنى ھېچقانداق چىسلا ياكى ۋاقىت بىلەن تەمىنلىمەيدۇ، بىراق مالاكى پەيغەمبەر كىتابىدا كونا پارس تىلىدىكى «پېخا» (ۋالىي) دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن كىتابنىڭ پارس ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە، يەنى ئىسرائىل دۆلىتى شۇ ئىمپېرىيەنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا تۇرغان مەزگىلدە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-313-يىللار ئارىسىدا يېزىلغانلىقىنى بىلىمىز.

(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 313-يىلى، پارس ئىمپېرىيەسى گرېك ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن غۇلىتىلغان).

كىتابتىن بىلىشىمىزچە، بۇ كىتاب مۇقەددەس ئىبادەتخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 515-يىلىدىن كېيىن يېزىلغان. كىتابتا ئېيتىلغان مەسىلىلەرنى تەۋراتنىڭ «نەھەمىيا» دېگەن قىسمىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى كۆپ ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، كىتاب ھەزرىتى نەھەمىيانىڭ يېرۇسالېمغا ئىككىنچى قېتىم كېلىشىدىن، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 433-يىلىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي يېزىلغان. كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى يۇقىرىقى ۋاقىتتىن سەل كېيىنرەك يېزىلغان دېگەن پەرەزدە بولغان ئالىملارمۇ بار، ئۇلارنىڭ پەرىزى بويىچە كىتاب مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 400-يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان بولىدۇ.

## كىتابنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئەمدى ۋاقىت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 430-يىلى ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىسرائىل خەلقى بابىل ئىمپېرىيەسىگە 70 يىل سۈرگۈن بولۇش ئازابىنى تارتقانىدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكىكى 605-538-يىلى). مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى بابىل ئىمپېرىيەسى پارس ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. پارس ئىمپېراتورى «بۈيۈك قورەش» سۈرگۈن بولغانلارغا ۋەتىنىگە، يەنى پەلەستىنگە قايتىشقا رۇخسەت بەردى. ھالبۇكى، پەقەت چەكلىك بىر قىسىم ئادەملەرلا شۇنداق قىلىشنى تاللىۋالدى. قالغان كىشىلەر مېسوپوتامىيىدە تۇرۇۋەردى. ئۇلار شۇ يەرنىڭ راھەت تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغان، ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق ھاياتىنى سودىگەرلىككە ئالماشتۇرغان بىر خەلق بولۇپ قالغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يەھۇدىي خەلقى سودا قىلىش جەھەتتە داڭ چىقارغانىدى.

قايتىپ كەلگەن كىشىلەر زور ئۈمىدلەر بىلەن كەلدى؛ يەشايا، يەرەمىيا ۋە ئەزاكىيال پەيغەمبەرلەر «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» ۋە ئۇنىڭ تىلسىمات ساماۋى پادىشاھلىقى توغرۇلۇق كارامەت بېشارەتلەرنى بەرگەنىدى. كىشىلەرنىڭ «بۇ بېشارەتلەر تېزلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلامدىكىن» دەيدىغان زور ئۈمىدلىرى بار ئىدى.

بىراق ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئۆيلىرىنى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قايتا قۇرۇشتىكى جاپالىق ئىشلارغا يۈزلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى ئەللەر ئۇلارغا كۆپ ئاۋارىچىلىك سېلىپ بەردى. ئەسلى سۇلايمان سالغان، 70 يىل ئىلگىرى ۋەيران قىلىنغان «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»نىڭ قايتا قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىش مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 535-يىلى بولغىنى بىلەن، خەلق ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇن قول ئۈزگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قايتا قۇرۇشمۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن ئېغىرى شۇكى، ئەتراپتىكى ئەللەر ئىبادەتخانا توغرۇلۇق: «بۇ ئىشلار ئىسيانىڭ باشلىنىشى» دېگەندەك غەيۋەت-شىكايەتلەرنى قىلغان، ئىمپېراتور بۇ گەپكە ئىشىنىپ كەتكەن ھەمدە قۇرۇلۇشنى دەرھال توختىتىش كېرەك دېگەن يارلىقنى چۈشۈرگەنىدى. بۇنى ئاز دەپ، سۇلايمان قۇرغان ئەسلى ئىبادەتخانىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرگەن بەزى مويسىپىتلارنىڭ ئۇنى ھەردائىم ئەسلەپ: «ھازىر سالىدىغان بۇ ئۆي ئەسلىدىكى شەرەپلىك ئۆيگە سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ» دېگەن سۆزلىرى خەلقنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق سۇ سەپكەنىدى. بىراق ھاگاي ۋە زەكەرىيا پەيغەمبەرلەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ھەم دادىل بېشارەتلەرنى بېرىشى بىلەن خەلقنىڭ ئىمان-ئېتىقادى كۈچەيتىلگەن بولۇپ، ئۇلار قۇرۇلۇشنى قايتىدىن باشلىغان. پەقەت تۆت يېرىم يىل ئىچىدە بىنانى پۈتكۈزگەنىدى.

ئەمدى ھاگاي پەيغەمبەر «بۇ ئۆينىڭ كېيىنكى شان-شەرىپى ئەسلىدىكىدىن زور بولىدۇ» دېگەن بېشارەتنى بەرگەنىدى («ھاگ.» 9:2). زەكەرىيامۇ كارامەت ئارام-خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان «تەختكە ئولتۇرىدىغان بىر كاھىن» توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەنىدى. بىراق تەخمىنەن توقسان يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىشلار تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغانىدى. كۆپ ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا: «ئىسرائىل دەرۋەقە «خۇدانىڭ ئالاھىدە تاللىۋالغان خەلقىمۇ؟»» دېگەندەك ھەرخىل ئىككىلىنىشلەر، گۇمان ياكى سوئاللار پەيدا بولغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى «ئىسرائىل» چوڭ ئىمپېرىيەنىڭ قول ئاستىدىكى ناھايىتى بىر كىچىككىنە دۆلەت ئىدى، خالاس. ئىبراھىم پەيغەمبەرگە كۆپ يىل ئىلگىرى: «سەن ئارقىلىق دۇنيادىكى بارلىق ئەل-جەمەتلەرگە بەخت ئاتا قىلىنىدۇ» دېگەن ۋەدە بېرىلگەن تۇرسا، ئەمدى ئىسرائىل ھازىر شۇنچە كۆپ قىيىنچىلىقتا

قالامدۇ؟ باشقىلارغا بەخت-بەرىكەت يەتكۈزۈشنى بىرياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بەختلىك ئەمەس ئىدى، بەلكى جاپا تارتىۋاتاتتى، كەمبەغەللىكتە تۇرۇۋاتاتتى؛ چېكەتكە ۋە باشقا ئاپەتلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈپ تۇرۇۋاتاتتى؛ ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى سېھىرگەرلىك، خۇراپىيلىق، زىناخورلۇق، ئالدامچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىككە تولغانىدى. ئىبادەتخانىدا قىلىنغان ئىبادەت قۇرۇق شەكىلۋازلىققا ئايلىنىپ قالغانىدى. كۆپ كاھىنلار ۋە لاۋىيلار ۋەزىپىلىرىنى، جۈملىدىن سۇنۇشى كېرەك بولغان قۇربانلىقلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى، بۇنداق ئەھۋالدا پۇقرالارنىڭ ئىبادەتخانىغا ۋە ئۇنىڭ بەلگىمىلىرىگە بولغان ھۆرمىتىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

مالاكى پەيغەمبەر دەل مۇشۇ ئەھۋالدا مەيدانغا چىقىپ بېشارەتلەرنى بەردى. ئۇنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى ئىنتايىن چۈشىنىشلىك ۋە ئاممىباب ئىدى. خۇدا ۋەدە قىلغان يېڭى ئىشلار پەيدا بولمىغۇچە، خەلق خۇدا ئاللىقاچان تاپشۇرغان ئىشلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك ئىدى. خۇدا مىڭ يىل بۇرۇن مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق تۈزگەن ئەھدە بويىچە، ئۇلارنىڭ ھازىرقى قىيىنچىلىقلىرى، كەمبەغەل بولغانلىقى دەل ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئېتىبارغا ئالماسلىقى تۈپەيلىدىن بولدى. خۇدا ئۇلارنى بۇ ئەھدىنىڭ ماددىلىرى بويىچە ئۆزىنى سىناپ بېقىشقا چاقىرىدۇ — ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلسە، ئۇ ئۇلارغا ئەھدىدە ۋەدە قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ — ئۇ ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىك ئەھۋالىنى، ئىچكى جېدەل-ماجىرالىرىنى تۈگىتىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىدە كۆپ ئۇچرىغاندەك، بۇ بەرىكەت توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇدانىڭ ھازىر بەرمەكچى بولغان بەرىكىتىدىن ئاتلاپ، بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ بىر بەرىكەتكە ئۆتىدۇ. شۇ بەرىكەت بولسا، قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى بولىدۇ. كىتابتا يەنە ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن ئىبادەتخانىدا ۋە ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان كاھىن-لاۋىيلار ئارىسىدا نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بېشارەت يەنە ئۇ ئىشلاردىن تېخىمۇ يىراق بولغان، پەرۋەردىگارنىڭ «ئۇلۇغ ۋە دەھشەتلىك كۈنى»گە ئۆتىدۇ.

مالاكى پەيغەمبەر بولسا، 450 يىل ئىچىدە خۇدا ئىسرائىلغا ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولدى. ئۇنىڭ بېشارەتلىرىمۇ شۇ مەزگىل ئىچىدە ئۇلارغا بېرىلگەن

ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيي بولۇپ قالغانىدى. بۇ ۋاقىتتىن كېيىن دەل مالاكى پەيغەمبەر ئالدىنئالا ئېيتقاندەك، يەھيا پەيغەمبەر مەيدانغا چىقىپ: «پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تەييارلاڭلار» دەپ جاكارلاپ، چۆل-باياۋاندا پەيدا بولدى. بىز بۇ بېشارەت ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە كۆپرەك توختىلىمىز.

مالاكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىكى بىر قىسىملارنىڭ توۋا قىلغانلىقى 3-باب، 16-ئايەتتىن كۆرۈنىدۇ. ئۇ بېشارەت بەرگەن بەرىكەتلەردىن بىرمۇنچىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولۇشى كېرەك ئىدى، بولمىسا ئۇ ئىسرائىل خەلقى تەرىپىدىن ھەقىقىي پەيغەمبەر دەپ ھېسابلىنالمايتتى. بىراق، ئەپسۇسكى، پەقەت خۇداغا سادىق بولغان «قالدىسى» ئادەملەرلا قۇلاق سالغان ئوخشايدۇ. ئىسرائىللارنىڭ كۆپىنچىسى مالاكى قالدۇرغان گۇۋاھ-تاپشۇرۇقلارنى كېيىنكى ئۈچ-تۆت ئەسىردە ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپ قالغان. كاھىنلار ۋە لاۋىيلار ئۆزلىرىنىڭ خۇدا بەرگەن «مۇقەددەس قانۇن»نى شەرھلەش ۋە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت رولىنى جارى قىلدۇرمىدى؛ مۇقەددەس قانۇننىڭ روشەن يورۇقلۇقى ۋە بەرىكىتى «پەرىسىي» ھەم «سادۇكىي» مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان تەلىملىرى تەرىپىدىن غۇۋالاشتۇرۇلغان. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ «پىرلىرى»نىڭ تەلىملىرىنى مۇقەددەس قانۇندىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان بولۇپ، مۇقەددەس قانۇن كۆپ پۇقرالار ئۈچۈن كۆتۈرەلمەس يۈك بولۇپ قالغان. بىراق مالاكى پەيغەمبەر «پەرۋەردىگاردىن قورقۇپ، ئۇنىڭ نامى ئۈستىدە ئويلانغان» «قالدى»لار ئۈچۈن قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۈتۈش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، دەل شۇ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن يول تەييارلىغان؛ بۇ چوڭ ئىش ئۈچۈن، بىزگە نىسبەتەن نامەلۇم بولغان بۇ پەيغەمبەردىن چەكسىز مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

# مالاكى پەيغەمبەر بەرگەن بېشارەتلەرنىڭ ئۇسلۇبى

ھەزرىتى مالاكى ئېيتقانلىرىنى دائىم ئۆزىنىڭكى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ نەق سۆزلىرى، دەيدۇ. ئۇ خۇدانى ئاسمانلار ئۈستىدە تۇرۇپ، يەر-زېمىننىمۇ باشقۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» دېگەن نامى بىلەن كۆپ قېتىم تەسۋىرلەيدۇ.

خۇدانىڭ روھىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۇ خەلقكە «دىئالېكتىك» ياكى «دىداكتىكىلىق» (مۇنازىرە) ئۇسلۇبى بىلەن ئۆگىتىدۇ. دېمەك، ئۇ خەلقنىڭ مەلۇم بىر گۇناھىغا تەنبىھ بېرىدىغان بىر باياننى قىلىدۇ؛ بۇ بايان خەلقنى چۆچىتىدۇ، ئۇلار «بىز مۇشۇنداق ئىشنى زادى قىلمىدۇق» دېگەندەك جاۋاب بىلەن رەت قىلىدۇ؛ ئاندىن ئۇ بۇ جاۋابقا بىر ياكى بىرقانچە مىسال بىلەن رەددىيە بېرىدۇ. بەزىدە خەلق يەنە بىر جاۋاب بېرىدۇ، ئۇ يەنە جاۋابقا رەددىيە بېرىدۇ. كىتابتا مۇشۇنداق «مۇنازىرە»لەردىن يەتتىسى بار. بۇ مۇنازىرىلەردە، خەلقنىڭ بەزى سۆزلىرى ئايان قىلىنىدۇ. بىراق نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ ئاغزاكى سۆزلىرى ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە (ھەتتا غىل-پال) ئويلىغان گەپلىرى ئىدى ــ مەسىلەن، 2-باب، 17-ئايەتتە، ئۇلارنىڭ: «رەزىللىك قىلغۇچى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ياخشىدۇر، ئۇ ئۇلاردىن خۇرسەن بولىدۇ» دېگەن ئويلىرى ئايان قىلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلار پەقەت كەلگۈسىدىكى بەزى ئىشلارنى ئالدىنئالا دېگەندىن سىرت، ئاموس پەيغەمبەر دېگەندەك «ئىنسانغا ئۆز ئوي-پىكرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىش» ئۈچۈن خۇدانىڭ قورالى بولىدۇ («ئاموس» 13:4).

## ئىزاھات

تەرجىمىمىزدە بىز تەۋراتشۇناسلار ئالىملارنىڭ تەتقىقلىرىدىن، بولۇپمۇ يەھۇدى ئالىم دوكتور ئارنولد فرۇختېنبائۇم ھەم ئەنگلىيەلىك ئالىم بالدۋىن خانىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندۇق.

## مەزمۇن: ـ

(1) 1:1-5: ـ خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان مۇھەببىتى
(2) 6:1-2:9: ـ كاھىنلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى
(3) 10:2-16: ـ خەلقنىڭ ۋاپاسىزلىقى
(4) 17:2-3:6: ـ «ئەھدە ئەلچىسىنىڭ كېلىشى»
(5) 7:3-12: ـ خۇدانىڭ بەرىكەتكە تەكلىپى
(6) 13:3-18: ـ مازاق قىلغۇچىلار ۋە خۇدانىڭ «قالدى»سى
(7) 1:4-6: ـ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»

# مالاكى

## «مالاكى پەيغەمبەر»

1 [1]پەرۋەردىگاردىن مالاكىغا يۈكلەنگەن ۋەھيى، ئۇ ئارقىلىق
ئىسرائىلغا كەلگەن: ــ

## بىرىنچى مۇنازىرە ــ خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان مۇھەببىتى

[2]ــ مەن سىلەرنى سۆيۈپ كەلدىم ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ بىراق سىلەر:
«سەن بىزنى قانداقمۇ سۆيۈپ كەلدىڭ؟» ــ دەيسىلەر.
ئەساۋ ياقۇپقا ئاكا بولغان ئەمەسمۇ؟ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ بىراق
ياقۇپنى سۆيدۇم، [3]ئەساۋغا نەپرەتلەندىم؛ ئۇنىڭ تاغلىرىنى چۆل
قىلدىم، مىراسىنى چۆل-باياۋاندىكى چىلبۆرىلەرگە تاپشۇرۇپ بە
ردىم. [4]ئېدوم: «بىز ۋەيران قىلىندۇق، بىراق بىز خارابىلەشكەن
جايلارنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىمىز» ــ دېسە، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ــ
ئۇلار قۇرىدۇ، بىراق مەن ئۆرۈيمەن؛ خەقلەر ئۇلارنى «رەزىللىكنىڭ
زېمىنى»، «پەرۋەردىگار مەڭگۈگە غەزەپلىنىدىغان ئەل» دەپ ئاتايدۇ.

---

1:1 **«يۈكلەنگەن ۋەھيى»** ــ ئىبرانىي تىلدا «ماسسا» دېگەن بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ «ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان ۋەھيى» ھەم «پەيغەمبەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بىر ۋەزىپە» دېگەن ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

**2:1** رىم. 13:9

3:1 **«ياقۇپنى سۆيدۇم، ئەساۋغا نەپرەتلەندىم»** ــ «پالانچىنى سۆيدۇم، پوستانچىغا نەپرەتلەندىم» دېگەنلىك ئىبرانىي تىلدا ئادەتتە «پالانچىنى تاللىۋالدىم، پوستانچىنى رەت قىلدىم» دېگەن مەنىنى بىرقەدەر تەكىتلەيدىغان ئىبارە ئىدى.

4:1 **«ئۇلار ، يەنى ئېدوملار قۇرىدۇ، بىراق مەن ئۆرۈيمەن؛ خەقلەر ئۇلارنى «رەزىللىكنىڭ زېمىنى»، «پەرۋەردىگار مەڭگۈگە غەزەپلىنىدىغان ئەل» دەپ ئاتايدۇ»** ــ ئېدوم خەلقى ئىسرائىلغا ھەردائىم ئۆچمەنلىك-ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنىدى. ئاخىرقى زاماندا ئۇلارنىڭ زېمىنى

5 سىلەرنىڭ كۆزلىرىڭلار بۇنى كۆرۈپ: «پەرۋەردىگار ئىسرائىل چېگراسىنىڭ سىرتىدا ئۇلۇغلاندى!» ــ دەيسىلەر.

## ئىككىنچى مۇنازىرە ــ كاھىنلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى

6 ــ ئوغۇل ئاتىسىنى، قۇل ئىگىسىنى ھۆرمەتلەيدۇ؛ ئەمدى مەن ئاتا بولسام، ھۆرمىتىم قېنى؟ ئىگە بولسام، مەندىن بولغان ئەيمىنىش قېنى؟ ــ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنداق دەيدۇ، ئى مېنىڭ نامىمنى كەمسىتكەن كاھىنلار!

بىراق سىلەر: «بىز نېمە قىلىپ نامىڭنى كەمسىتىپتۇق؟» ــ دەيسىلەر.

7 سىلەر قۇربانگاھىم ئۈستىگە بۇلغانغان ئوزۇقنى سۇنىسىلەر؛ ئاندىن سىلەر: «بىز نېمە قىلىپ سېنى بۇلغاپ قويدۇق؟» ــ دەيسىلەر؛ ئەمەلىيەتتە سىلەر: «پەرۋەردىگارنىڭ داستىخىنىنىڭ تايىنى يوقتۇر» ــ دەيسىلەر.

---

پۈتۈنلەي ئادەمزاتسىز بولۇپ، «ئوت-گۆشگۆرت كۆيدۈرىدىغان»، جىنلارنىڭ ماكانى بولىدۇ (مەسىلەن، «ئوبادىيا»نى، «يەش.» 34-بابنى كۆرۈڭ). خۇدا ئىسرائىلغا: «مانا ئېدوم زېمىنى ھەردائىم تاجاۋۇز قىلىنىپ، شەھەرلىرى بۇزۇلۇپ قەدەر خارابىلىكتە تۇرۇۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار ئۇلاردىن كۆپ ئەۋزەل، سىلەردە ئىبادەتخانا، شەھەرلەر ۋە ئارام-تىنچلىق بار، ئۇلاردىن ئوبدان ساۋاق ئېلىڭلار!» دېگەندەك بولسا كېرەك. ئېدومغا تاجاۋۇز قىلغانلار بابىللىقلار (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 587-586-يىلى) ۋە ئەرەبلەرنى (550-460-يىلى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5:1 «سىلەرنىڭ كۆزلىرىڭلار بۇنى كۆرۈپ: «پەرۋەردىگار ئىسرائىل چېگراسىنىڭ سىرتىدا ئۇلۇغلاندى!» ــ دەيسىلەر» ــ «دېمەك، يات ئەللەر (ئەينى چاغدىكى بۇتپەرەس خەلقلەر) خۇدانىڭ كەلگۈسىدە ئېدومنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرۋەقە ئۇنىڭ تىرىك خۇدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

6:1 «كاھىن» ــ مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا پۇقرالار ئۈچۈن مەخسۇس قۇربانلىقنى كۆيدۈرگۈچى خادىم.

7:1 «پەرۋەردىگارنىڭ داستىخىنىنىڭ تايىنى يوقتۇر» ــ «پەرۋەردىگارنىڭ داستىخىنى»نى قانداق چۈشىنىمىز؟ مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا خۇداغا ئاتاپ بېغىشلانغان ھەممە قۇربانلىق ۋە ئۇلارغا قوشۇلغان «ئاشلىق ھەدىيەسى» ۋە «شاراب ھەدىيەسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «پەرۋەردىگارنىڭ داستىخىنى» دەپ ئاتالغان. كاھىنلارنىڭ بۇ داستىخاندىكى بەزى قۇربانلىقلاردىن بىر قىسمىنى يېيىش ھوقۇق-ئىمتىيازى بار ئىدى.

8كور مالنى قۇربانلىققا سۇنساڭلار، بۇ قەبىھلىك ئەمەسمۇ؟ تولۇر
ياكى كېسەل مالنى قۇربانلىققا سۇنساڭلار، بۇ قەبىھلىك ئەمەسمۇ؟
ھازىر بۇنى سېنىڭ ۋالىيىڭغا سۇنۇپ باق؛ ئۇ سەندىن خۇرسەن
بولامدۇ؟ ساڭا يۈز-خاتىرە قىلامدۇ؟ ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
9ــ ئەمدى، قېنى، سىلەر تەڭرىدىن بىزگە شەپقەت كۆرسەتكەيسەن
دەپ ئۆتۈنۈپ بېقىڭلار؛ قولۇڭلاردىن مۇشۇلار كەلگەندىن كېيىن،
ئۇ سىلەردىن ھەرقاندىقىڭلارنى قوبۇل قىلامدۇ؟ ــ دەيدۇ ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
10ــ ئاراڭلاردىن دەرۋازىلارنى ئېتىپ قويغۇدەك بىرسى چىقمامدۇ؟
شۇنداق بولغاندا سىلەر قۇربانگاھىمدا بىكاردىن-بىكار ئوت
قالاپ يۈرمەيتتىڭلار. مېنىڭ سىلەردىن ھېچ خۇرسەنلىكىم يوق،
ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ــ ۋە
قولۇڭلاردىن ھېچقانداق ئاشلىق ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلمايمەن.

## خۇدانىڭ نامىنى بۇلغاش

11كۈن چىقاردىن كۈن پاتارغا مېنىڭ نامىم ئەللەر ئارىسىدا ئۇلۇغ
دەپ قارىلىدۇ؛ ھەربىر جايدا نامىمغا خۇشبۇي سېلىنىدىغان
بولىدۇ، پاك بىر ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇلىدۇ؛ چۈنكى
نامىم ئەللەر ئارىسىدا ئۇلۇغ دەپ قارىلىدۇ، ــ دەيدۇ ساماۋى

8:1 **«كور مالنى قۇربانلىققا سۇنساڭلار، بۇ قەبىھلىك ئەمەسمۇ؟ تولۇر ياكى كېسەل مالنى قۇربانلىققا سۇنساڭلار، بۇ قەبىھلىك ئەمەسمۇ؟»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، ھەربىر قۇربانلىق نۇقسانسىز بولۇشى كېرەك ئىدى. كور، تولۇر، كېسەل مال بولسىمۇ ئۇلارنى قۇربانلىق قىلىش ئەمەس، ھەتتا كىچىككىنە داغ بولسىمۇ بولمايتتى («لاۋ.» 22-بابنى، «قان.» 15:19-21نى كۆرۈڭ).

10:1 **«ئاراڭلاردىن دەرۋازىلارنى ئېتىپ قويغۇدەك بىرسى چىقمامدۇ؟»** ــ بىرسى ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېتىۋەتسە، كاھىنلار ياكى باشقىلار خۇدا ئالدىغا مۇشۇنداق «ناپاك قۇربانلىقلار»نى ھېچ ئېلىپ كىرەلمەيتتى.

**10:1** يەش. 11:1؛ يەر. 20:6؛ ئام. 21:5، 22.

قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
[12] بىراق سىلەر بولساڭلار: «پەرۋەردىگارنىڭ داستىخىنى بۇلغانغان،
ئۇنىڭ مېۋىسى، يەنى ئاش-ئوزۇقى نەپرەتلىكتۇر» ــ دېگىنىڭلاردا،
سىلەر ئۇنى ھارام قىلىسىلەر؛ [13] ۋە سىلەر: «مانا، نېمىدېگەن
ئاۋارىچىلىك!» دەيسىلەر ۋە ماڭا قاراپ دىمىغىڭلارنى قاقىسىلەر،
ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ــ سىلەر
يارىلانغان، توكۇر ھەم كېسەل ماللارنى ئېلىپ كېلىسىلەر. قۇربانلىق-
ھەدىيىلەرنى شۇ پېتى ئېلىپ كېلىسىلەر؛ مەن بۇنى قولۇڭلاردىن
قوبۇل قىلامدىمەن؟ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
[14] بەرھەق، پادىسىدا قوچقار تۇرۇپ، رەبگە قىلغان قەسىمىنى ئادا
قىلىش ئۈچۈن بۇلغانغان نەرسىنى قۇربانلىق قىلىدىغان ئالدامچى
لەنەتكە قالىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلۇغ پادىشاھدۇرمەن، نامىم ئەللەر
ئارىسىدا ھۆرمەتلىنىدىغان بولىدۇ، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.

---

11:1 **«كۈن چىقاردىن كۈن پاتارغا مېنىڭ نامىم ئەللەر ئارىسىدا ئۇلۇغ دەپ قارىلىدۇ؛ ھەربىر جايدا نامىمغا خۇشبۇي سېلىنىدىغان بولىدۇ، پاك بىر «ئاشلىق ھەدىيەسى» سۇنۇلىدۇ»** ــ «خۇشبۇي سېلىنىدىغان بولىدۇ» دېگەن پېئىلنىڭ شەكلى بەك ئالاھىدە، يات ئەللەر ئارىسىدىكى بەزىلەر خۇداغا ئىبادەت قىلغاندا ھەتتا «باش كاھىن»غا ئوخشاش «خۇشبۇي ياندۇرۇش» ئىمتىيازىغا ئېرىشىدۇ، دەپ پۇرىتىدۇ. **«پاك بىر ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇلىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «پاك» دېگەن بۇ سۆز ئىنتايىن ئالاھىدە بولۇپ، قۇربانلىق-ھەدىيىلەرنىڭ «پاك» (ياكى بەزىدە «نۇقسانسىز»)لىقىنى تەسۋىرلەيدىغان ئادەتتىكى سۆزلەرگە قارىغاندا، «تېخىمۇ پاك»لىقنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئەللەر (يەھۇدىي ئەمەسلەر) ئارىسىدىكى بەزىلەر خۇداغا ئىبادەت قىلغاندا «تەۋرات دەۋرىدىكىلەر»دىن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ پاك بىرخىل ھەدىيەنى خۇداغا سۇنالايدۇ... بۇ ئىشلار ئىنجىلدا شەرھلىنىدۇ (مەسىلەن، «رىم.» 12-باب، 1-2-ئايەت).

13:1 **«...ماڭا قاراپ دىمىغىڭلارنى قاقىسىلەر»** ــ ياكى «...ئۇنىڭغا قاراپ دىمىغىڭلارنى قاقىسىلەر» ــ دېمەك، خۇدانىڭ داستىخىنىغا. **«سىلەر يارىلانغان... ماللارنى ئېلىپ كېلىسىلەر...»** ــ «يارىلانغان ... ماللار» بەلكىم يىرتقۇچ ھايۋان تەرىپىدىن يارىلانغان. بۇنداق گۆشنى ھەتتا ئادەم يېيىشمۇ بولمايتتى (تەۋرات، «مىس.» 31:22). بەزى ئالىملار بۇ سۆز كالا-قويلار «كىشىلەر تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭدا تۇتۇۋېلىنغان» دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ.

14:1 **«...رەبگە قىلغان قەسىمىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بۇلغانغان نەرسىنى قۇربانلىق قىلىدىغان ئالدامچى لەنەتكە قالىدۇ»** ــ خۇدادىن بىر ئىشنى تىلەيدىغان ياكى خۇداغا

2 [1] ــ ئەمدى، ھەي كاھىنلار، بۇ ئەمر-پەرمان سىلەرگە چۈشتى: ــ
[2] سىلەر ئاڭلىمىساڭلار، نامىمغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈشكە
كۆڭۈل قويمىساڭلار، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار، ــ مەن ئاراڭلارغا لەنەتنى چۈشۈرۈپ ئەۋەتىمەن؛ سىلەرنىڭ
بەرىكەتلىرىڭلارغىمۇ لەنەت قىلىمەن. بەرھەق، مەن ئاللىقاچان
ئۇلارغا لەنەت ئوقۇدۇم، چۈنكى سىلەر شەرىپىمگە كۆڭۈل قويمىدىڭلا
ر. [3] مانا، مەن ئۇرۇقلىرىڭلارغا تەنبىھ بېرىمەن، سىلەرنىڭ يۈزۈڭلەرگە
پوق، ھېيتىڭلاردىكى پوقنى سۈرىمەن؛ بىرسى سىلەرنى شۇ پوق بىلەن
بىللە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. [4] شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنىڭ سىلەرگە بۇ
ئەمرنى ئەۋەتكەنلىكىمنى بىلىسىلەر، مەقسەت، مېنىڭ لاۋىي بىلەن
تۈزگەن ئەھدەمنىڭ ساقلىنىۋېرىشى ئۈچۈندۇر، ــ دەيدۇ ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
[5] ــ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۈزگەن ئەھدەم ھاياتلىق ھەم ئارام-
خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئۇنى مەندىن قورقسۇن دەپ بۇلارنى
ئۇنىڭغا بەردىم؛ ئۇ مەندىن قورقۇپ نامىم ئالدىدا تىترىگەنىدى.
[6] ئاغزىدىن ھەقىقەتنىڭ تەلىم-تەربىيىسى چۈشمىگەن، لەۋلىرىدىن

---

تەشەككۈر ئېيتماقچى بولغان ئىسرائىللار بەزىدە ئالاھىدە بىر قۇربانلىق قىلىشقا قەسەم ئىچىدۇ، بىراق «خۇداغا ئېسىل مالنى سۇنىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەن بۇ «ئالدامچى» ئۇنىڭ ئورنىغا «ناپاك» (قوتۇر، دېغى بار) بىر مالنى ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ.

**2:2** لاۋ. 14:26؛ قان. 15:28

**3:2** **«مانا، مەن ئۇرۇقلىرىڭلارغا تەنبىھ بېرىمەن»** ــ ئىبرانىي تىلىدىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش، «ئۇرۇق» دېگەن سۆز ھەم زىرائەتلەرنىڭ دانلىرى ھەم ئادەم پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بەلكىم بۇ يەردە قەستەن ئىككى بىسلىق مەنىدە ئىشلىتىلگەن. **«ھېيتىڭلاردىكى پوق»** ــ ھېيتتىكى نۇرغۇن قۇربانلىق قىلىنغان ماللارنىڭ پوقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قۇربانلىق قىلىنغان ماللارنىڭ پوقلىرىنى ئىبادەتخانىدىن ئېلىپ چىقىپ سىرتتا كۆيدۈرۈۋېتىش كاھىنلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىدى («مەسىلەن، «مىس.» 14:29، «لاۋ.» 11:4).

**4:2** **«مېنىڭ لاۋىي بىلەن تۈزگەن ئەھدەم»** ــ «لاۋىي» ھەزرىتى ياقۇپنىڭ 12 ئوغلىدىن بىرى ئىدى، شۇڭا ئىسرائىلنىڭ 12 قەبىلىسىدىن بىرى بولغان. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە خۇدا كاھىنلىق خىزمىتىنى لاۋىي قەبىلىسىگە تاپشۇرغان («مىس.» 32-باب، «چۆل.» 25-باب، «قان.» 8:11-33ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).

ناھەقلىق تېپىلمىغان؛ ئۇ ئاراملىق-خاتىرجەملىك ھەم دۇرۇسلۇقتا مەن بىلەن بىللە ماڭغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى قەبىھلىكتىن ياندۇرغان. [7] چۈنكى كاھىنىنىڭ لەۋلىرى ئىلىم-بىلىمنى ساقلىشى كېرەك، خەقلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن تەۋرات-قانۇننى ئىزدىشى لازىم؛ چۈنكى ئۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىسىدۇر.

[8] — بىراق سىلەر يولدىن چەتنەپ كەتتىڭلار؛ سىلەر نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن تەۋرات-قانۇننى پۇتلىكاشاڭغا ئايلاندۇرۇۋەتتىڭلار؛ سىلەر لاۋىي بىلەن تۈزۈلگەن ئەھدىنى بۇزغانسىلەر — دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، [9] — شۇڭا مەن سىلەرنىمۇ پۈتۈن خەلق ئالدىدا نەپرەتلىك ۋە پەسكەش قىلدىم، چۈنكى سىلەر يوللىرىمنى تۇتمىغان، شۇنداقلا تەۋرات-قانۇننى ئىجرا قىلغاندا بىر تەرەپكە يان باسقان.

## خەلقنىڭ ۋاپاسىزلىقى

[10] — بىزدە بىر ئاتا بار ئەمەسمۇ؟ بىزنى ياراتقۇچى پەقەت بىرلا تەڭرى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى نېمىشقا ھەربىرىمىز ئۆز قېرىندىشىمىزغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى بۇلغايمىز؟

[11] يەھۇدا ۋاپاسىزلىق قىلدى، ئىسرائىلدا ھەم يېرۇسالېمدا يىرگىنچلىك بىر ئىش سادىر قىلىندى؛ چۈنكى يەھۇدا پەرۋەردىگار سۆيگەن مۇقەددەس جايىنى بۇلغاپ، يات بىر ئىلاھنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالدى. [12] ئۇنداق قىلغۇچى، يەنى ئازدۇرغۇچى بولسۇن، ئازدۇرۇلغۇچى

---

10:2 «بىزدە بىر ئاتا بار ئەمەسمۇ؟» — 10-17-ئايەتلەرگە قارىغاندا، «ئاتا» دېگەن خۇدانى كۆرسىتىدۇ. بىراق بەزى ئالىملار ئۇ «ھەزرىتى ئىبراھىم»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

11:2 «يات بىر ئىلاھنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالدى» — «يات (ئەجنەبىي) بىر ئىلاھنىڭ قىزى» بۇ يەردە ئېيتىلغىنى، چەتئەللىك بىر قىز بىلەن توي قىلىش ئەمەس، بەلكى بۇتقا چوقۇنىدىغان بىر قىز بىلەن توي قىلىش.

بولسۇن، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارغا ئاشلىق ھەدىيەسىنى ئېلىپ كەلگۈچى بولسۇن، پەرۋەردىگار ئۇلارنى ياقۇپنىڭ چېدىرلىرىدىن ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

[13] سىلەر شۇنىڭدەك شۇنداق قىلىسىلەركى، قۇربانگاھنى كۆز ياشلىرى، يىغا، ئاھ-زارلار بىلەن قاپلايسىلەر — چۈنكى ئۇ قۇربانلىق-ھەدىيىلەرگە ھېچ قارىمايدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن ھېچ رازى بولماي قولۇڭلاردىن قوبۇل قىلمايدىغان بولدى. [14] بىراق سىلەر: «نېمىشقا؟» دەپ سورايسىلەر.

— چۈنكى پەرۋەردىگار سەن ۋە ياشلىقىڭدا ئالغان ئايالىڭ ئوتتۇرىسىدا گۇۋاھچى بولغانىدى؛ سەن ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلدىڭ، گەرچە ئۇ سېنىڭ ھەمراھىڭ ۋە سەن ئەھدە تۈزگەن ئايالىڭ بولسىمۇ. [15] خۇدا ئەر-ئايالنى بىر قىلغان ئەمەسمۇ؟ شۇنداقلا، بۇنىڭغا روھنى قالدۇرغان ئەمەسمۇ؟ خۇدا نېمىشقا ئۇلارنى بىر قىلدى؟ چۈنكى ئۇ ئۇلاردىن ئىخلاسمەن پەرزەنت كۈتكەنىدى. ئەمدى ھەربىرىڭلار ئۆز قەلب-روھىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار، ھېچقايسىسى ياشلىقتا ئالغان ئايالىغا ۋاپاسىزلىق قىلمىسۇن! [16] چۈنكى مەن تالاق قىلىشقا

---

13:2 **«قۇربانگاھنى كۆز ياشلىرى، يىغا، ئاھ-زارلار بىلەن قاپلايسىلەر»** — مۇشۇ «كۆز ياشلىرى» خۇدا خەلقىنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرىنى (قۇربانلىقلار بۇلارغا قوشۇلغان بولسىمۇ) ئاڭلىمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن چىققان ياش بولسا كېرەك. بەزى ئالىملار 14-ئايەتكە قارىغاندا كۆز ياشلىرىنى ۋاپاسىزلىققا ئۇچرىغان ئاياللارنىڭكى، دەپ قارايدۇ (ئاياللار ئادەتتە قۇربانگاھ ئالدىدا كۆرۈنسە بولمايتتى، بىراق ئۇلارنىڭ ئازابلىق ياشلىرى خۇدا ئالدىدا «قۇربانگاھمنى قاپلىغان» دەپ ھېسابلىغان). بۇ كۆزقاراش ئورۇنلۇقتەك بولغىنى بىلەن بىز بىرىنچى قاراشتا بولىمىز.

15:2 **«خۇدا ئەر-ئايالنى بىر قىلغان ئەمەسمۇ؟ شۇنداقلا، بۇنىڭغا روھنى قالدۇرغان ئەمەسمۇ؟ خۇدا نېمىشقا ئۇلارنى بىر قىلدى؟»** — ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ تەرجىمىلىرى ھەرخىل. ئۇلاردىن بىرى: «كىمدە روھتىن (يەنى، خۇدانىڭ روھىدىن) ئازراق بار بولسىلا، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ». ئىبرانيي تىلىدا بۇ يەرنى چۈشىنىش تەس. بەزى ئالىملارمۇ بۇ ئايەتنى ئىبراھىمنىڭ پەرزەنت كۆرەي دەپ، ھەجەرنى ئېلىشى سارا ھەققا بىر خىل ۋاپاسىزلىق بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. بىراق ئومۇمىي مەنىسى ھەممىگە ئايانكى، خۇدا ۋاپاسىزلىققا ۋە (گەرچە تەۋرات دەۋرىدە خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق تالاق بېرىشكە رۇخسەت بەرگەن بولسىمۇ) تالاق بېرىشكە ئۆچ (16-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

ئۆچتۈرمەن، دەيدۇ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار، ــ شۇنىڭدەك ئۆز تونىغا زومبۇرلۇق چاپلاشتۇرۇۋالغۇچىغا ئۆچمەن، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
شۇڭا قەلب-روھىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار، ھېچقايسىڭلار ۋاپاسىزلىق قىلماڭلار!

## ئەھدە ئەلچىسى كېلىدۇ - تەييار بولۇڭلار!

17 ــ سىلەر سۆزلىرىڭلار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ سەۋر-تاقىتىنى قويمىدىڭلار، ئاندىن سىلەر: «بىز نېمە قىلىپ ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتىنى قويماپتۇق؟» ــ دەيسىلەر.
سەۋر-تاقىتىنى قويمىغانلىقىڭلار بولسا دەل: «رەزىللىك قىلغۇچى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە ياخشىدۇر، ئۇ ئۇلاردىن خۇرسەن بولىدۇ»؛ ياكى «ئادالەتنى يۈرگۈزگۈچى خۇدا زادى نەدىدۇر؟» ــ دېگىنىڭلەردە بولمامدۇ!

3 1 ــ مانا ئەمدى مەن ئۆز ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا يول تەييارلايدۇ؛ سىلەر ئىزدىگەن رەب، يەنى سىلەر خۇرسەنلىك

---

16:2 **«مەن تالاق قىلىشقا ئۆچتۈرمەن، دەيدۇ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار، ــ شۇنىڭدەك ئۆز تونىغا زومبۇرلۇق چاپلاشتۇرۇۋالغۇچىغا ئۆچمەن»** ــ كونا زامانلاردا بىرسى ئۆز چاپىنىنى ياكى تونىنى مەلۇم بىر قىزنىڭ ئۈستىگە ياپقان بولسا، بۇ ھەرىكەت بۇ قىزغا قوغدىغۇچى بولىمەن، ئۇنى ئەمرىمگە ئالىمەن، دېگەننى بىلدۈرەتتى («رۇت» 3-باب، «ئەز.» 16-بابنى كۆرۈڭ). بىراق مۇشۇنداق ئەرلەر ئاياللىرىغا قوغدىغۇچى بولمايلا قالماستىن، ئۇلارغا ھەرخىل زۇلۇم-زورلۇقلارنى قىلاتتى ياكى ئاخىرىدا ئۇلارنى تالاق قىلاتتى؛ ئاندىن كېيىن (11-ئايەت) بۇتپەرەس قىز بىلەن توي قىلاتتى.
—باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: ««چۈنكى ئۇ جورىسىغا ئۆچ بولۇپ، ئۇنى تالاق قىلغان ۋە شۇنداقلا زوراۋانلىق بىلەن تونىنى ياپقان» ــ دەيدۇ ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگار». بۇ تەرجىمە توغرا بولسا، تەۋرات دەۋرىدە پەرۋەردىگارنىڭ: «ئۆچمەنلىك تالاق بېرىشكە سەۋەب بولمايدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى بىلدۈرىدۇ.

دەپ بىلگەن ئەھدە ئەلچىسى ئۆز ئىبادەتخانىسىغا تۇيۇقسىز كىرىدۇ؛
مانا، ئۇ كېلىۋاتىدۇ، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار.
2ــ بىراق ئۇنىڭ كەلگەن كۈنىدە كىم چىدىيالىسۇن؟ ئۇ كۆرۈنگەندە
كىم تۇرالىسۇن؟ چۈنكى ئۇ تاۋلىغۇچىنىڭ ئوتى، كىرچىنىڭ ئاقارتقۇچ
شولتىسىدەك بولىدۇ؛ 3 ئۇ كۈمۈشنى تاۋلىغۇچى ھەم ئېرىتىپ تازىلىغۇچىدەك
تاۋلاپ ئولتۇرىدۇ؛ لاۋىيىنىڭ بالىلىرىنى ساپلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنى ئالتۇن-
كۈمۈشنى تاۋلىغاندەك تاۋلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارغا
ھەققانىيلىقتا قىلىنغان قۇربانلىق-ھەدىيەنى سۇنىدۇ.
4ئاندىن يەھۇدا ھەم يېرۇسالېمنىڭ قۇربانلىق-ھەدىيىلىرى
پەرۋەردىگارغا كونا زامانلاردىكىدەك، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىدەك
شېرىن بولىدۇ. 5 مەن ھېساب ئېلىشقا سىلەرگە يېقىن كېلىمەن؛
مەن سېھىرگەرلەرگە، زىناخورلارغا، يالغان قەسەم ئىچكۈچىلەرگە،
مەدىكارلارنىڭ ھەققىنى تۇتۇۋېلىپ بوزەك قىلغۇچىلارغا، تۇل

1:3 «مانا ئەمدى مەن ئۆز ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن» ــ ئىبرانىي تىلدا «مانا، مەن! مەن ئۆز ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن،...». **«سىلەر ئىزدىگەن رەب، يەنى سىلەر خۇرسەنلىك دەپ بىلگەن ئەھدە ئەلچىسى ئۆز ئىبادەتخانىسىغا تۇيۇقسىز كىرىدۇ»** ــ بەزىلەر «يەنى»نى «ۋە» دەپ تەرجىمە قىلىپ «سىلەر ئىزدىگەن رەب ۋە سىلەر خۇرسەنلىك دەپ بىلگەن ئەھدە ئەلچىسى ئۆز ئىبادەتخانىسىغا تۇيۇقسىز كىرىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

– لېكىن ئۇنداق تەرجىمە توغرا بولسا، دېمەك ئىككىنچى ئەلچى رەب ئۆزى بولمىسا، ئىبادەتخانىنى قانداقمۇ ئۆز ئىبادەتخانىسى دېگىلى بولسۇن؟

–ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پىكرىچە، شۇنداقلا بىزنىڭچە، بۇ ئايەت بويىچە ئىككى ئەلچى كېلىدۇ؛ (1) رەبنىڭ يولىنى تەييار قىلىدىغان ئەلچى («مېنىڭ ئەلچىم») ۋە (2) ئۇنىڭدىن كېيىنكى رەب ئۆزى؛ رەب يەنە «ئەھدە ئەلچىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى ئەلچى، شۇنداقلا «ئەھدە ئەلچىسى»نىڭ مەنىسى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

–بۇ ئەلچىنىڭ ئەۋەتىلىشى خۇدانىڭ خەلقلەرنىڭ ئېتىقادسىز ئەرز-دادلىرىغا بولغان جاۋابىدۇر. شۇڭا «سىلەر ئىزدىگەن» ۋە «سىلەر خۇرسەنلىك دەپ بىلگەن» دېگەنلەرنى كىنايىلىك گەپ دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك.

**1:3** مس. 22-20:23؛ يەر. 34-31:31؛ ئەز. 28-26:36؛ مات. 3: 11-12؛ 10:11؛ 16-12:24؛ مار. 2:1؛ لۇقا 76:1؛ 27:7؛ يۇھ. 17-13:2؛ يەش. 3:40؛ ئىبر. 6:8؛ 24:12

**3:3** روس. 7:6

خوتۇنلار ھەم يېتىم-يېسىرلارنى خارلىغۇچىلارغا، يات ئادەملەرنى
ئۆز ھەققىدىن ئايرىۋەتكۈچىلەرگە، شۇنىڭدەك مەندىن ھېچ
قورقمىغانلارغا تېزدىن ئەيىبلىگۈچى گۇۋاھچى بولىمەن، — دەيدۇ
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار. [6] چۈنكى مەنكى
پەرۋەردىگار ئۆزگەرمەستۇرمەن؛ شۇڭا سىلەر، ئى ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى،
تۈگەشمىگەنسىلەر.
[7] — ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپ سىلەر
بەلگىلىمىلىرىمدىن چەتنەپ، ئۇلارنى ھېچ تۇتمىغانسىلەر. مېنىڭ
يېنىمغا قايتىپ كېلىڭلار، مەن يېنىڭلارغا قايتىمەن، — دەيدۇ
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، — بىراق سىلەر:
«بىز قانداقمۇ قايتىپ كېلىمىز؟» — دەيسىلەر. [8] ئادەم خۇدانىڭكىنى
بۇلىسا بولامدۇ؟ — بىراق ماڭا مېنىڭكىنى بۇلاپ كەلدىڭلار. سىلەر
يەنە: «بىز قانداقسىگە ساڭا بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىمىز» — دەيسىلەر.
سىلەر «ئوندىن بىر» ئۈلۈش ئۆشرىلىرىڭلارنى ھەم «كۆتۈرمە
ھەدىيەلەر»نى سۇنغىنىڭلاردا شۇنداق قىلىسىلەر! [9] سىلەر ئېغىر
بىر لەنەتكە قالدىڭلار، چۈنكى ماڭا بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىسىلەر
— سىلەر بۇ پۈتكۈل «يات ئەل» شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر! [10] ئەمدى

5:3 **«تېزدىن ئەيىبلىگۈچى گۇۋاھچى بولىمەن»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ماھىر ئەيىبلىگۈچى گۇۋاھچى بولىمەن».

**5:3** مىس. 7:20؛ 22:22؛ قان. 17:24؛ ئام. 7:2

6:3 **«مەنكى پەرۋەردىگار ئۆزگەرمەستۇرمەن»** — خۇدا ئۆزگەرمەس بولسا، ئۇنىڭ ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ئەۋلادلىرى ئىسرائىل توغرۇلۇق بولغان ۋەدىلىرىمۇ ئۆزگەرمەستۇر. **«شۇڭا سىلەر، ئى ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى، تۈگەشمىگەنسىلەر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇڭا سىلەر، ئى ياقۇپ ئوغۇللىرىمۇ ھېچ ئۆزگەرمىگەن».

**6:3** زەب. 12-11:33؛ پەند. 21:19؛ يەش. 26:14، 27؛ 9:25؛ 10:46.

**7:3** زەك. 3:1

8:3 **«كۆتۈرمە ھەدىيە»** — مۇشۇ خىل قۇربانلىق بىر تەرەپتىن بەزى قۇربانلىقلاردىن كاھىنلار ئۈچۈن ئايرىۋېتىلگەن بىر قىسمىنى، يەنە بىر تەرەپتىن خۇداغا ئاتاپ بېغىشلىغان ھەرخىل (مەيلى مۇقەددەس قانۇن بېكىتكەن ياكى ئىختىيارى بىلەن بولغان) نەرسىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ.

9:3 **«سىلەر بۇ پۈتكۈل «يات ئەل» شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر»** — «يات ئەل» مۇشۇ يەردە

ئۆيۈمدە ئاشلىق بولۇش ئۈچۈن پۈتكۈل «ئۈندىن بىر» ئۈلۈش ئۆشرىنى ئامبارغا ئېلىپ كېلىڭلار ۋە شۇنداقلا مېنى سىناپ بېقىڭلار، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ــ مەن ئاسمانلارنىڭ دېرىزىلىرىنى چوڭ ئېچىپ سىلەرگە پاتقۇزالمىغۇدەك بىر بەرىكەتنى تۆكۈپ بېرىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ باقمامسىلەر؟ [11] شۇنداق بولغاندىلا مەن سىلەرنى دەپ يەنە يالمىغۇچىنى ئەيىبلەيمەن، ئۇ تۇپرىقىڭلاردىكى مېۋىلەرنى ۋەيران قىلمايمەن؛ سىلەرنىڭ باغ-ئېتىزلىرىڭلاردىكى تال ئۈزۈملەر ۋاقىتسىز تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.

[12] ــ شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەللەر سىلەرنى بەختلىك دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى يېرىڭلار ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان بىر زېمىن بولىدۇ، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.

## خالايىق يەنە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ

[13] ــ سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلار ماڭا قاتتىق تەگدى، دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ بىراق سىلەر يەنە: «بىز سەن بىلەن قارشىلىشىدىغان نېمە سۆز قىلدۇق؟» ــ دەيسىلەر.

[14] ــ سىلەر: «خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولۇش بىھۇدىلىكتۇر» ھەم: «ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار ئالدىدا ماتەم تۇتقان كىشىلەردەك يۈرۈشىمىزنىڭ نېمە پايدىسى؟» ــ دەيسىلەر، [15] ھەم شۇنىڭدەك: «تەكەببۇرلارنى بەختلىك دەپ ئاتايمىز؛ رەزىللىك قىلغۇچىلار روناق تاپىدۇ؛ ئۇلار بەرھەق خۇدانى سىنايدۇ، بىراق قۇتۇلۇپ كېتىدۇ» ــ دەيسىلەر.

---

خۇدانىڭ ئىنتايىن كىنايىلىك گېپى. خەلق ئۇنىڭغا يات بولۇپ، بۇتپەرەس بىر ئەلگە ئوخشايدۇ.

11:3 **«مەن سىلەرنى دەپ يەنە يالمىغۇچىنى ئەيىبلەيمەن»** ــ «يالمىغۇچى» بولسا ھەرخىل زىيانلىق ھاشارەت-ھايۋانلارنى (مەسىلەن، چېكەتكىنى) كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**13:3** ئايۇپ 14:21، 15.

16 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىدىغانلار بۇنى ئاڭلاپ پات-پات بىر-بىرى
بىلەن مۇڭداشتى؛ پەرۋەردىگار ئۇنى نەزىرىگە ئالدى، سۆزلىرىنى
ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭدىن قورقۇپ،
ئۇنىڭ نامىنى سېغىنغانلار ئۈچۈن ئەسلەتمە بولغان بىر خاتىرە
كىتاب يېزىلدى.
17 ــ بۇ كىشىلەر بولسا ئۆزۈمنىڭ ئالاھىدە گۆھەرىمنى يىغقان كۈنىدە
مېنىڭكى بولىدۇ ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
پەرۋەردىگار ــ ۋە مەن خۇددى ئادەم ئۆز خىزمىتىدە بولغان ئوغلىغا
ئىچىنى ئاغرىتقاندەك ئۇلارغا ئىچىمنى ئاغرىتىمەن. 18 سىلەر قايتىپ
كېلىسىلەر ۋە ھەققانىيلار بىلەن رەزىللەرنى، خۇدانىڭ خىزمىتىدە
بولغانلار بىلەن بولمىغانلارنى پەرق ئېتەلەيسىلەر.

## ئاخىرقى زامان - پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى

4 1 ــ چۈنكى مانا شۇ كۈن، خۇمداندەك كۆيدۈرگۈچى كۈن كېلىدۇ؛
ھەربىر تەكەببۇرلۇق قىلغۇچى ھەم ھەربىر رەزىللىك قىلغۇچى
پاخالدەك بولىدۇ؛ شۇ كېلىدىغان كۈن ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، ــ دەيدۇ
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار، ــ ئۇلارغا نە يىلتىز
نە شاخ قالدۇرۇلمايدۇ. 2 لېكىن نامىمدىن ئەيمىنىدىغان سىلەر
ئۈچۈن، قاناتلىرىدا شىپا-دەرمان ئېلىپ كېلىدىغان، ھەققانىيلىقنى
پارلىتىدىغان قۇياش ئورنىدىن تۇرىدۇ؛ سىلەر تالاغا چىقىپ بورداق

16:3 **«شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ نامىنى سېغىنغانلار ئۈچۈن ئەسلەتمە بولغان بىر خاتىرە كىتاب يېزىلدى»** ــ بۇ كىتابنى قەيەردە، ئاسماندا ياكى زېمىندا، ياكى كىم يازغانلىقى دېيىلمىگەن.

**17:3** مىس. 5:19؛ يـۇھ. 29:10؛ يەش. 3:62؛ فىل. 1:4؛ 1تېس. 19:2

18:3 **«سىلەر قايتىپ كېلىسىلەر»** ــ ئاخىرقى زاماندا، ئىسرائىللارنىڭ قالدىسىنىڭ ئۆز زېمىنىگە قايتىپ كېلىشى ياكى ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**1:4** يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش. 2:2-12-22؛ 6:13-13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2؛ ۋەھ. 6:12-13.

موزايلاردەك قىيغىتىپ ئويناپسىلەر؛ [3] سىلەر رەزىللەرنى چەيلەپ
دەسسىۋېتىسىلەر؛ ئۇلار مەن تەييارلىغان كۈندە تاپىنىڭلار ئاستىدا
كۈل بولىدۇ، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.

## ئاخىرقى دەۋەت ۋە بېشارەت

[4] ــ مەن ھورەب تېغىدا پۈتكۈل ئىسرائىل ئۈچۈن قۇلۇم مۇساغا بۇيرۇغان
قانۇننى، يەنى بەلگىلىمىلەر ھەم ھۆكۈملەرنى يادىڭلاردا تۇتۇڭلار.
[5] ــ مانا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغ ھەم دەھشەتلىك كۈنى كېلىشتىن
ئاۋۋال مەن سىلەرگە ئىلياس پەيغەمبەرنى ئەۋەتىمەن. [6] ئۇ ئاتىلارنىڭ
كۆڭلىنى بالىلارغا مايىل، بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاتىلارغا مايىل
قىلىدۇ؛ ئۇنداق بولمىغاندا مەن كېلىپ يەر يۈزىنى قارغاش بىلەن
ئۇرۇۋېتىمەن.

2:4 **«نامىمدىن ئەيمەنمىگەنلەر، سىلەر ئۈچۈن، قاناتلىرىدا شىپا-دەرمان ئېلىپ كېلىدىغان، ھەققانىيلىقنى پارلىتىدىغان قۇياش ئورنىدىن تۇرىدۇ»** ــ «قاناتلىرى» بەلكىم «ھەققانىيلىقنى پارلىتىدىغان قۇياش»نىڭ نۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. **«ھەققانىيلىقنى پارلىتىدىغان قۇياش»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ھەققانىيلىق قۇياشى» دېيىلىدۇ. مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**4:4** قان. 3:6

**5:4** مات. 14:11؛ 11:17، 12، 13؛ مار. 11:9، 12، 13؛ لۇقا 17:1؛ 30:9؛ ۋەھ. 3:11-12.

# قوشۇمچە سۆز

## ئىككى ئەلچى (3-باب، 1-4-ئايەتلەر)
## ۋە ئىلىيا كەلگەن خەۋەرلەر

«مانا ئەمدى مەن ئۆز ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا يول تەييارلايدۇ؛ سىلەر ئىزدىگەن رەب، يەنى سىلەر خۇرسەنلىك دەپ بىلگەن ئەھدە ئەلچىسى ئۆز ئىبادەتخانىسىغا تۇيۇقسىز كىرىدۇ؛ مانا، ئۇ كېلىۋاتىدۇ، ــ دەيدۇ ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار.
ــ بىراق ئۇنىڭ كەلگەن كۈنىدە كىم چىدىيالىسۇن؟ ئۇ كۆرۈنگەندە كىم تۇرالىسۇن؟ چۈنكى ئۇ تاۋلىغۇچىنىڭ ئوتى، كىرچىنىڭ ئاقارتقۇچ شولتىسىدەك بولىدۇ؛ ئۇ كۈمۈشنى تاۋلىغۇچى ھەم ئېرىغدىغۇچىدەك تاۋلاپ ئولتۇرىدۇ؛ لاۋىينىڭ بالىلىرىنى ساپلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنى ئالتۇن-كۈمۈشنى تاۋلىغاندەك تاۋلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارغا ھەققانىيلىقتا قىلىنغان قۇربانلىق-ھەدىيەنى سۇنىدۇ.
ئاندىن يەھۇدا ھەم يېرۇسالېمنىڭ قۇربانلىق-ھەدىيىلىرى پەرۋەردىگارغا كونا زامانلاردىكىدەك، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىدەك شېرىن بولىدۇ».

بۇ ئايەتلەر بىزگە ئىككى ئەلچىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. بىرىنچىسى بولسا «يول تەييارلىغۇچى». ئۇنىڭ «يول تەييارلاش» ئۇچۇن نېمە قىلىدىغانلىقى مۇشۇ يەردە بايان قىلىنمىدى، بىراق يەشايا پەيغەمبەر ئالىلقاچان مۇشۇ زاتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئۇقتۇرغانىدى: ــ

«ئاڭلاڭلار، دالادا بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى!
«پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تەييارلاڭلار،

چۆل-باياۋاندا خۇدايىمىز ئۈچۈن بىر يولنى كۆتۈرۈپ تۈپتۈز قىلىڭلار!»

(«يەش.» 3:40).

مەسىھ ئەيسا بۇ ئايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «يول تەييارلىغۇچى»نىڭ يەھيا پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردۇ: —

«ئۇلار كەتكەندە، ئەيسا توپلانغان ئادەملەرگە يەھيا توغرۇلۇق سۆزلەشكە باشلىدى:

— «سىلەر بۇرۇن يەھيانى ئىزدەپ چۆلگە بارغىنىڭلاردا، زادى نېمىنى كۆرگىلى باردىڭلار؟ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قومۇشنىمۇ؟ ياكى ئېسىل كىيىنگەن بىر ئەربابنىمۇ؟ مانا، ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەنلەر خان ئوردىلىرىدىن تېپىلىدۇغۇ! ئەمدى سىلەر نېمە كۆرگىلى باردىڭلار؟ بىر پەيغەمبەرنىمۇ؟ دۇرۇس، ئەمما مەن شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، يەھيا بولسا پەيغەمبەردىنمۇ ئۈستۈن تۇردۇ. چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردىكى: —

«مانا، يۈز ئالدىڭغا ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن؛

ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدا يولۇڭنى تەييارلايدۇ»» (ئىنجىل، «مات.» 8:11-10).

يەھيا پەيغەمبەر تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى پەرىشتە جەبرائىل ئۇ توغرۇلۇق مۇنداق ئېيتقان: — «ئۇ (يەھيا) پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغ بولىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ھاراق-شاراب ئىچمەسلىكى كېرەك؛ ھەتتا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپمۇ مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇ ئىسرائىل خەلقىدىن نۇرغۇنلىرىنى پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ يېنىغا قايتۇرىدۇ. ئۇ رەبنىڭ ئالدىدا ئىلياس ئىلياس پەيغەمبەرگە خاس بولغان روھ ۋە كۈچ-قۇدرەتتە بولۇپ، ئاتىلارنىڭ قەلبلىرىنى باللارغا مايىل قىلىپ، ئىتائەتسىزلەرنى ھەققانىيلارنىڭ ئاقلانىلىكىگە كىرگۈزۈپ، رەب ئۈچۈن تەييارلانغان بىر خەلقنى ھازىر قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ» — دېدى.

ئەمدى «يول تەييارلىغۇچى» يەھيا پەيغەمبەر بولسا، ئۇ زادى كىمگە يولنى تەييارلايدۇ؟ ئەيسا مەسىھ دېگەن كىم؟ «مالاكى»دىكى بۇ ئايەتلەردە دېيىلگەنكى، ئۇ دەل «سىلەر ئىزدىگەن رەب» ھەم «ئەھدە ئەلچىسى»دىن ئىبارەتتۇر. ئىبرانىي تىلىدا «رەب» («خا-ئادون») ھەردائىم خۇدانى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا خۇلاسىگە كېلىشىمىز كېرەككى، ئەيسا مەسىھتە خۇدالىق تەبىئىتى بار. شۇڭا ئۇ ئىنجىلدا «رەب ئەيسا مەسىھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە «ئەھدە ئەلچىسى»دۇر. بۇ ئەھدە «يېڭى ئەھدە»دۇر (مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق تۈزۈلگەن قانۇن بولسا «كونا ئەھدە» دېيىلىدۇ). بۇ «يېڭى ئەھدە» تەۋراتتىكى «يەرەمىيا پەيغەمبەر» دېگەن قىسمىنىڭ، 31-باب، 31-34-ئايەتلىرىدە كۆرسىتىلىدۇ: —

«مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، — دەيدۇ پەرۋەردىگار، — مەن ئىسرائىل جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى بىلەن يېڭى ئەھدە تۈزىمەن؛ بۇ ئەھدە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە ئوخشىمايدۇ؛ شۇ ئەھدىنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىنى قولىدىن تۇتۇپ مىسىردىن قۇتقۇزۇپ يېتەكلىگىنىمدە ئۇلار بىلەن تۈزگەنىدىم؛ گەرچە مەن ئۇلارنىڭ يولدىشى بولغان بولسامۇ، ئۇلار مەن بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدەمنى بۇزغان، — دەيدۇ پەرۋەردىگار. چۈنكى شۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئىسرائىل جەمەتى بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى:

مەن ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە سالىمەن،
ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ يازىمەن.
مەن ئۇلارنىڭ ئىلاھى بولىمەن،
ئۇلارمۇ مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ.

شۇندىن باشلاپ ھېچكىم ئۆز يېقىنىغا ياكى ئۆز قېرىندىشىغا: — «پەرۋەردىگارنى تونۇغىن» دەپ ئۆگەتمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى، يەنى ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە مېنى بىلىپ بولغان بولىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كەچۈرىمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەڭگۈگە ئېسىمدىن چىقىرىۋېتىمەن، — دەيدۇ پەرۋەردىگار».

رەب ئەيسا مەسىھ بارلىق ئىنسانىيەتكە، يەنى ئۇنىڭغا ھەربىر «ئامىن!» (ماقۇل! شۇنداق!) دېگەنلەرگە بۇ ئەھدىنى ئىچىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى. بۇ ئەھدىنى ئۇ ئۆز قېنىدا تۈزگەن: ــ

«ئۇ (مەسىھ) شۇنىڭدەك تاماقتىن كېيىنكى جامنى قولىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى:

ــ بۇ جامدىكى شاراب مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن تۆكۈلىدىغان قېنىمدا بولغان يېڭى ئەھدىدۇر» («لۇقا» 20:22)

مەسىھنىڭ قېنى خۇدا ئالدىدا گۇناھنى يۇيۇغۇچى بىردىنبىر يولدۇر. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بۇنى تونۇپ يەتتىڭىزمۇ؟ تونۇپ يەتكەن بولسىڭىز، ئۇ كۆرۈنگەن كۈندە، گەرچە ئۇ «تاۋلىغۇچى» بولسىمۇ، (خۇداغا بارلىق ئىبادەت قىلغۇچىلارنى ئوت بىلەن تاۋلايدۇ) سىز قورقمايسىز، بەلكى ئۇ، يەنى «ھەققانىيلىقنى چاچقۇچى قۇياش» «ئورنىدىن تۇرغاندا»، ئىنتايىن شادلىنىسىز، چۈنكى «ئۇنىڭ قاناتلىرىدا شىپا-دەرمان بار» (2:4).

# ئىنجىل تېكىستلىرى

ئەستايىدىل ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان

**تەۋرات-ئىنجىلدىكى بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئايەتلەر**

بايدىلىق بىر تىزىملىك

## ماتتا

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 1:1 | لۇقا 1:32-31 |
| مات. | 2:1 | يار. 2:21؛  26،35:25. |
| مات. | 3:1 | يار. 27:38، 29؛ رۇت 18:4، 19؛ 1تار. 5:2، 9. |
| مات. | 6:1 | رۇت 22:4؛ 1سام. 1:16؛ 12:17؛ 1تار. 15:2؛ 18:12. |
| مات. | 7:1 | 1پاد. 43:11؛ 1تار. 10:3. |
| مات. | 11:1 | 1تار. 16:3. |
| مات. | 12:1 | 1تار. 17:3؛ ئەزرا 2:3. |
| مات. | 18:1 | لۇقا 27،34:1. |
| مات. | 21:1 | لۇقا 31:1؛ روس. 12:4. |
| مات. | 25:1 | لۇقا 21:2. |
| مات. | 1:2 | لۇقا 4:2. |
| مات. | 6:2 | مىك. 1:5، 2؛ 1سام. 1:16؛ يـۇھ. 42:7. |
| مات. | 15:2 | هوش. 1:11. |
| مات. | 18:2 | يەر. 15:31 |
| مات. | 23:2 | يەش. 1:11؛ 21:60؛ زەك. 12:6. |
| مات. | 1:3 | مار. 4:1؛ لۇقا 3:3. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 3:3 | يەش. 3:40؛ مار. 3:1؛ لۇقا 4:3؛ يـۇھ. 23:1. |
| مات. | 4:3 | مار. 6:1. |
| مات. | 6:3 | مار. 5:1. |
| مات. | 7:3 | مات. 34:12؛ 33:23؛ لۇقا 7:3. |
| مات. | 8:3 | لۇقا 8:3. |
| مات. | 9:3 | يـۇھ. 39:8. |
| مات. | 10:3 | مات. 19:7؛ يـۇھ. 6:15. |
| مات. | 11:3 | مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 15،26:1؛ روس. 5:1؛ 16:11؛ 4:19. |
| مات. | 13:3 | مار. 9:1؛ لۇقا 21:3. |
| مات. | 16:3 | يەش. 2:11؛ 1:42؛ يـۇھ. 32:1. |
| مات. | 17:3 | يەش. 1:42؛ مات. 18:12؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ لۇقا 35:9؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1. |
| مات. | 1:4 | مار. 12:1؛ لۇقا 1:4. |
| مات. | 4:4 | قان. 3:8 |
| مات. | 6:4 | زەب. 11،12:91 |
| مات. | 7:4 | قان. 16:6. |
| مات. | 10:4 | قان. 13:6؛ 20:10. |
| مات. | 12:4 | مار. 14:1؛ لۇقا 14،16،31:4؛ يـۇھ. 43:4. |
| مات. | 15:4 | يەش. 23:8؛ 1:9. |
| مات. | 16:4 | يەش. 1:9، 2. |
| مات. | 17:4 | مار. 15:1. |
| مات. | 18:4 | مار. 16:1. |
| مات. | 3:5 | يەش. 15:57؛ 2:66؛ لۇقا 20:6. |
| مات. | 4:5 | يەش. 2:61؛ 10،13:66؛ لۇقا 21:6. |
| مات. | 5:5 | زەب. 11:37 |
| مات. | 6:5 | يەش. 1:55. |
| مات. | 8:5 | زەب. 2:15-1؛ 4:24؛ ئىبر. 14:12. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 10:5 | 2كور. 10:4؛ 2تىم. 12:2؛ 1پېت. 14:3. |
| مات. | 11:5 | 1پېت. 14:4. |
| مات. | 12:5 | لۇقا 23:6. |
| مات. | 13:5 | مار. 50:9؛ لۇقا 34:14. |
| مات. | 15:5 | مار. 21:4؛ لۇقا 16:8؛ 33:11. |
| مات. | 16:5 | 1پېت. 12:2. |
| مات. | 18:5 | لۇقا 17:16. |
| مات. | 19:5 | ياق. 10:2. |
| مات. | 21:5 | مىس. 13:20؛ قان. 17:5. |
| مات. | 25:5 | لۇقا 58:12؛ ئەف. 26:4. |
| مات. | 27:5 | مىس. 14:20؛ قان. 18:5. |
| مات. | 28:5 | ئايۇپ 1:31؛ زەب. 37:119. |
| مات. | 29:5 | مات. 8:18؛ مار. 43:9. |
| مات. | 31:5 | چۆل. 2:30؛ قان. 22:23-20؛ 1:24. |
| مات. | 32:5 | مات. 7:19؛ مار. 10:11،4؛ لۇقا 18:16؛ 1كور. 10:7. |
| مات. | 33:5 | مىس. 7:20؛ لاۋ. 12:19؛ قان. 11:5؛ 22:23 |
| مات. | 34:5 | يەش. 1:66؛ ياق. 12:5. |
| مات. | 35:5 | زەب. 2:48؛ يەش. 1:66. |
| مات. | 38:5 | مىس. 24:21؛ لاۋ. 20:24؛ قان. 21:19. |
| مات. | 39:5 | پەند. 29:24؛ لۇقا 29:6؛ رىم. 17:12؛ 1كور. 7:6؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 9:3. |
| مات. | 42:5 | قان. 8:15؛ لۇقا 35:6. |
| مات. | 43:5 | لاۋ. 18:19. |
| مات. | 44:5 | لۇقا 27:6؛ 34:23؛ روس. 60:7؛ رىم. 20:12؛ 1كور. 13:4؛ 1پېت. 23:2. |
| مات. | 46:5 | لۇقا 32:6. |
| مات. | 48:5 | يار. 1:17 |
| مات. | 2:6 | رىم. 8:12. |

مات. 4:6 لۇقا 14:14.
مات. 6:6 2پاد. 33:4؛ روس. 4:10.
مات. 7:6 1پاد. 28:18؛ يەش. 15:1.
مات. 9:6 لۇقا 2:11.
مات. 13:6 مات. 19:13.
مات. 14:6 مار. 25:11؛ كول. 13:3.
مات. 15:6 مات. 35:18؛ ياق. 13:2.
مات. 16:6 يەش. 3:58؛ مات. 14:9؛ مار. 18:2؛ لۇقا 33:5.
مات. 19:6 پەند. 4:23؛ ئىبر. 5:13؛ ياق. 1:5.
مات. 20:6 لۇقا 33:12؛ 1تىم. 19:6.
مات. 22:6 لۇقا 34:11.
مات. 24:6 لۇقا 13:16.
مات. 25:6 زەب. 5:37؛ 22:55؛ لۇقا 22:12؛ فىل. 6:4؛
1تىم. 8:6؛ 1پېت. 7:5.
مات. 26:6 ئايۇپ 41:38؛ زەب. 9:147
مات. 33:6 1پاد. 13:3؛ زەب. 25:37؛ 22:55
مات. 1:7 لۇقا 37:6؛ رىم. 1:2؛ 1كور. 3:4، 5.
مات. 2:7 مار. 24:4؛ لۇقا 38:6.
مات. 3:7 لۇقا 41:6، 42.
مات. 5:7 پەند. 17:18.
مات. 6:7 پەند. 8:9؛ 9:23.
مات. 7:7 مات. 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛
يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1، 6؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5.
مات. 8:7 پەند. 17:8؛ يەر. 12:29.
مات. 11:7 يار. 5:6؛ 21:8.
مات. 12:7 لۇقا 31:6.
مات. 13:7 لۇقا 24:13.
مات. 14:7 روس. 22:14.

مات. 15:7 قان. 4:13؛ يەر. 16:23؛ مات. 4:24؛ رىم. 17:16؛ ئەف. 6:5؛ كول. 8:2؛ 1يۇھ. 1:4.

مات. 17:7 مات. 10:3؛ 33:12؛ مار. 13:11؛ لۇقا 8:8.

مات. 21:7 مات. 11:25؛ لۇقا 46:6؛ 25:13؛ روس. 13:19؛ رىم. 13:2؛ ياق. 22:1.

مات. 22:7 يەر. 14:14؛ 15:27؛ لۇقا 26:13.

مات. 23:7 زەب. 8:6؛ مات. 41:25،12؛ لۇقا 27:13،25.

مات. 24:7 يەر. 8:17؛ لۇقا 47:6؛ رىم. 13:2؛ ياق. 25:1.

مات. 26:7 ئەز. 11:13؛ رىم. 13:2؛ ياق. 23:1.

مات. 29:7 مار. 22:1؛ 2:6؛ لۇقا 32:4.

مات. 2:8 مار. 40:1؛ لۇقا 12:5.

مات. 4:8 لاۋ. 2:13؛ 2:14؛ لۇقا 14:5.

مات. 5:8 لۇقا 1:7.

مات. 8:8 زەب. 20:107.

مات. 11:8 لۇقا 29:13.

مات. 12:8 مات. 42:13؛ 43:21؛ 13:22؛ 51:24؛ لۇقا 28:13.

مات. 14:8 مار. 29:1؛ لۇقا 38:4.

مات. 17:8 يەش. 4:53؛ 1پېت. 24:2.

مات. 19:8 لۇقا 57:9.

مات. 22:8 1تىم. 6:5.

مات. 23:8 مار. 35:4؛ لۇقا 22:8.

مات. 26:8 ئايۇپ 12:26؛ زەب. 29:107؛ يەش. 10:51.

مات. 28:8 مار. 1:5؛ لۇقا 26:8.

مات. 1:9 مار. 3:2؛ لۇقا 18:5؛ روس. 33:9.

مات. 3:9 زەب. 5:32؛ يەش. 25:43.

مات. 9:9 مار. 14:2؛ لۇقا 27:5.

مات. 13:9 هوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 7:12؛ مار. 17:2؛ لۇقا 32:5؛ 10:19؛ 1تىم. 15:1.

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 14:9 | مار. 18:2؛ لۇقا 33:5. |
| مات. | 15:9 | 2كور. 2:11. |
| مات. | 17:9 | مار. 22:2. |
| مات. | 18:9 | مار. 22:5؛ لۇقا 41:8. |
| مات. | 20:9 | لاۋ. 25:15؛ مار. 25:5؛ لۇقا 43:8. |
| مات. | 22:9 | مار. 38:5؛ لۇقا 51:8. |
| مات. | 23:9 | مار. 38:5؛ لۇقا 51:8. |
| مات. | 24:9 | يـۇھ. 11:11. |
| مات. | 30:9 | مات. 16:12؛ لۇقا 14:5. |
| مات. | 31:9 | مار. 36:7. |
| مات. | 32:9 | مات. 22:12؛ لۇقا 14:11. |
| مات. | 34:9 | مات. 24:12؛ مار. 22:3؛ لۇقا 15:11. |
| مات. | 35:9 | مار. 6:6؛ لۇقا 22:13. |
| مات. | 36:9 | يەر. 1:23؛ ئەز. 2:34؛ مار. 34:6. |
| مات. | 37:9 | لۇقا 2:10؛ يـۇھ. 35:4. |
| مات. | 38:9 | 2تېـس. 1:3. |
| مات. | 1:10 | مار. 13:3؛ لۇقا 13:6؛ 1:9. |
| مات. | 6:10 | روس. 26:3؛ 46:13،26. |
| مات. | 7:10 | لۇقا 2:9. |
| مات. | 8:10 | لۇقا 9:10؛ روس. 20:8،18. |
| مات. | 9:10 | مار. 8:6؛ لۇقا 3:9؛ 35:22. |
| مات. | 10:10 | لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ لۇقا 7:10؛ 1كور. 14:9،4؛ 1تىم. 18:5. |
| مات. | 11:10 | مار. 10:6؛ لۇقا 4:9؛ 8:10. |
| مات. | 14:10 | مار. 11:6؛ لۇقا 5:9؛ روس. 51:13؛ 6:18. |
| مات. | 15:10 | مار. 11:6؛ لۇقا 12:10. |
| مات. | 16:10 | لۇقا 3:10. |
| مات. | 17:10 | مات. 9:24؛ لۇقا 12:21؛ يـۇھ. 20:15؛ 2:16؛ ۋەھ. 1:2. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 18:10 | روس. 24:1؛ 25:4. |
| مات. | 19:10 | مار. 13:11؛ لۇقا 12:11؛ 21:14. |
| مات. | 21:10 | مك. 7:2، 5؛ لۇقا 21:16. |
| مات. | 22:10 | مات. 24:13؛ مار. 13:13؛ لۇقا 21:19؛ ۋەھ. 2:10؛ 3:10. |
| مات. | 23:10 | مات. 2:13؛ 4:12؛ 12:15؛ روس. 8:1؛ 9:25؛ 14:6. |
| مات. | 24:10 | لۇقا 6:40؛ يـۇھ. 13:16؛ 15:20. |
| مات. | 25:10 | مات. 9:34؛ 12:24؛ مار. 3:22؛ لۇقا 11:15؛ يـۇھ. 8:48. |
| مات. | 26:10 | ئايۇپ 12:22؛ يەش. 8:12؛ يەر. 1:8؛ مار. 4:22؛ لۇقا 8:17؛ 12:2. |
| مات. | 28:10 | يەر. 1:8؛ لۇقا 12:4. |
| مات. | 30:10 | 1سام. 14:45. |
| مات. | 32:10 | مار. 8:38؛ لۇقا 9:26؛ 12:8؛ 2تىم. 2:12. |
| مات. | 34:10 | لۇقا 12:51. |
| مات. | 35:10 | مك. 7:6. |
| مات. | 36:10 | زەب. 41:9؛ 55:12-14؛ يـۇھ. 13:18. |
| مات. | 37:10 | لۇقا 14:26. |
| مات. | 38:10 | مات. 16:24؛ مار. 8:34؛ لۇقا 9:23؛ 14:27. |
| مات. | 39:10 | مات. 16:25؛ مار. 8:35؛ لۇقا 9:24؛ 17:33؛ يـۇھ. 12:25. |
| مات. | 40:10 | لۇقا 10:16؛ يـۇھ. 13:20. |
| مات. | 41:10 | 1پاد. 17:10؛ 18:4؛ 2پاد. 4:8. |
| مات. | 42:10 | مات. 25:40؛ مار. 9:41؛ ئىبر. 6:10. |
| مات. | 2:11 | لۇقا 7:18. |
| مات. | 5:11 | يەش. 29:18؛ 35:5؛ 61:1؛ لۇقا 4:18. |
| مات. | 7:11 | لۇقا 7:24. |
| مات. | 10:11 | مس. 23:20؛ مال. 3:1؛ مار. 1:2؛ لۇقا 7:27. |
| مات. | 12:11 | لۇقا 16:16. |
| مات. | 14:11 | مال. 3:23؛ لۇقا 1:17. |
| مات. | 16:11 | لۇقا 7:31. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 18:11 | مات. 4:3؛ مار. 6:1. |
| مات. | 20:11 | لۇقا 13:10. |
| مات. | 21:11 | 2سام. 19:13؛ 2پاد. 30:6؛ 1:19. |
| مات. | 22:11 | مات. 15:10. |
| مات. | 24:11 | مات. 15:10. |
| مات. | 25:11 | ئايۇپ 12:5؛ يەش. 14:29؛ لۇقا 21:10؛ 1كور. 19:1؛ 7:2، 8. |
| مات. | 27:11 | مات. 18:28؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 18:1؛ 35:3؛ 46:6. |
| مات. | 29:11 | زەب. 4:45؛ يەر. 16:6؛ زەك. 9:9 |
| مات. | 30:11 | 1يۇھ. 3:5. |
| مات. | 1:12 | قان. 24:23؛ مار. 23:2؛ لۇقا 1:6. |
| مات. | 2:12 | مىس. 10:20. |
| مات. | 4:12 | مىس. 33:29؛ لاۋ. 9:24؛ 1سام. 6:21. |
| مات. | 5:12 | چۆل. 9:28. |
| مات. | 6:12 | 2تار. 18:6. |
| مات. | 7:12 | ھوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 13:9؛ 23:23. |
| مات. | 8:12 | مار. 28:2؛ لۇقا 5:6. |
| مات. | 9:12 | مار. 1:3؛ لۇقا 6:6. |
| مات. | 10:12 | لۇقا 3:14. |
| مات. | 11:12 | مىس. 4:23؛ قان. 4:22. |
| مات. | 12:12 | يار. 27:1. |
| مات. | 14:12 | مار. 6:3؛ يـۇھ. 18:5؛ 39:10؛ 53:11. |
| مات. | 15:12 | مات. 23:10. |
| مات. | 16:12 | مات. 30:9؛ لۇقا 14:5. |
| مات. | 18:12 | يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1. |
| مات. | 21:12 | يەش. 4:42-1. |
| مات. | 22:12 | مات. 32:9؛ لۇقا 14:11. |

مات. 23:12 يـۇھ. 29:4.

مات. 24:12 مات. 34:9؛ مار. 22:3؛ لۇقا 15:11.

مات. 31:12 مار. 28:3؛ لۇقا 10:12؛ 1يۇھ. 16:5.

مات. 32:12 چۆل. 30:15؛ 1سام. 25:2؛ 1يۇھ. 16:5.

مات. 33:12 مات. 18:7.

مات. 34:12 زەب. 10:40-9؛ مات. 7:3؛ لۇقا 45:6.

مات. 36:12 توپ. 14:12؛ ئەف. 4:5.

مات. 37:12 2سام. 16:1؛ لۇقا 22:19.

مات. 38:12 مات. 1:16؛ مار. 11:8؛ لۇقا 29:11؛ 1كور. 22:1.

مات. 40:12 يۇن. 11:2،1

مات. 41:12 يۇن. 5:3؛ لۇقا 32:11.

مات. 42:12 1پاد. 1:10؛ 2تار. 1:9؛ لۇقا 31:11.

مات. 43:12 لۇقا 24:11.

مات. 45:12 ئىبر. 4:6، 5؛ 26:10؛ 2پېت. 20:2.

مات. 46:12 مار. 31:3؛ لۇقا 20:8.

مات. 50:12 يـۇھ. 14:15؛ 2كور. 16:5؛ گال. 6:5؛ 15:6؛ كول. 11:3.

مات. 1:13 مار. 1:4؛ لۇقا 4:8، 5.

مات. 2:13 لۇقا 3:5.

مات. 10:13 مار. 10:4؛ لۇقا 9:8.

مات. 11:13 مات. 25:11؛ 2كور. 14:3.

مات. 12:13 مات. 29:25؛ مار. 4:25،24؛ لۇقا 18:8؛ 26:19.

مات. 14:13 يەش. 10:6-9؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ يـۇھ. 40:12؛
روس. 26:28؛ رىم. 8:11.

مات. 15:13 يەش. 10:6-9

مات. 16:13 لۇقا 23:10؛ يـۇھ. 29:20؛ 1پېت. 8:1.

مات. 17:13 1پېت. 10:1.

مات. 18:13 مار. 13:4؛ لۇقا 11:8.

مات. 19:13 مات. 23:4.

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 22:13 | مات. 23:19؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18؛ 1تىم. 9:6. |
| مات. | 30:13 | مات. 12:3. |
| مات. | 31:13 | مار. 30:4؛ لۇقا 18:13. |
| مات. | 33:13 | لۇقا 21:13،20. |
| مات. | 34:13 | مار. 33:4. |
| مات. | 35:13 | زەب. 2:78 |
| مات. | 39:13 | يو. 13:3؛ ۋەھ. 15:14. |
| مات. | 42:13 | مات. 12:8؛ 13:22؛ 51:24؛ 30:25؛ لۇقا 28:13. |
| مات. | 43:13 | دان. 3:12؛ 1كور. 42:15. |
| مات. | 44:13 | فىل. 7:3. |
| مات. | 50:13 | مات. 42:13. |
| مات. | 53:13 | مار. 1:6؛ لۇقا 16:4. |
| مات. | 54:13 | مار. 2:6. |
| مات. | 55:13 | يـۇھ. 42:6. |
| مات. | 57:13 | مار. 4:6؛ لۇقا 24:4؛ يـۇھ. 44:4. |
| مات. | 1:14 | مار. 14:6؛ لۇقا 7:9. |
| مات. | 3:14 | مار. 17:6؛ لۇقا 19:3. |
| مات. | 4:14 | لاۋ. 16:18. |
| مات. | 5:14 | مات. 26:21. |
| مات. | 6:14 | يار. 20:40؛ مار. 21:6. |
| مات. | 7:14 | هاك. 30:11. |
| مات. | 13:14 | مات. 15:12؛ مار. 31:6؛ لۇقا 10:9. |
| مات. | 14:14 | مات. 36:9؛ يـۇھ. 5:6. |
| مات. | 15:14 | مار. 35:6؛ لۇقا 12:9. |
| مات. | 19:14 | 1سام. 13:9. |
| مات. | 22:14 | مار. 45:6؛ يـۇھ. 17:6. |
| مات. | 23:14 | مار. 46:6؛ يـۇھ. 15:6. |
| مات. | 34:14 | مار. 53:6. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 1:15 | مار. 1:7. |
| مات. | 4:15 | مىس. 12:20؛ 17:21؛ لاۋ. 9:20؛ قان. 16:5؛ پەند. 20:20؛ ئەف. 2:6. |
| مات. | 6:15 | مار. 13:7؛ 1تىم. 3:4؛ 2تىم. 2:3. |
| مات. | 8:15 | يەش. 13:29؛ ئەز. 31:33؛ مار. 6:7. |
| مات. | 9:15 | يەش. 13:29؛ مار. 6:7، 7؛ كول. 18:2، 20، 22. |
| مات. | 10:15 | مار. 14:7. |
| مات. | 11:15 | روس. 15:10؛ رىم. 17،20:14؛ تىت. 15:1. |
| مات. | 13:15 | يـۇھ. 2:15. |
| مات. | 14:15 | يەش. 19:42؛ لۇقا 39:6. |
| مات. | 15:15 | مار. 17:7. |
| مات. | 19:15 | يار. 5:6؛ 21:8؛ پەند. 14:6؛ يەر. 9:17. |
| مات. | 21:15 | مار. 24:7. |
| مات. | 24:15 | مات. 6:10؛ روس. 46:13. |
| مات. | 29:15 | مار. 31:7. |
| مات. | 30:15 | يەش. 18:29؛ 5:35؛ مات. 5:11؛ لۇقا 22:7. |
| مات. | 32:15 | مار. 1:8. |
| مات. | 36:15 | 1سام. 13:9. |
| مات. | 1:16 | مات. 38:12؛ مار. 11:8؛ لۇقا 29:11؛ 54:12؛ يـۇھ. 30:6. |
| مات. | 2:16 | لۇقا 54:12. |
| مات. | 4:16 | يۇن. 1:2؛ مات. 39:12؛ لۇقا 29:11. |
| مات. | 6:16 | مار. 15:8؛ لۇقا 1:12. |
| مات. | 9:16 | مات. 17:14؛ مار. 38:6؛ لۇقا 13:9؛ يـۇھ. 9:6. |
| مات. | 10:16 | مات. 34:15. |
| مات. | 13:16 | مار. 27:8؛ لۇقا 18:9. |
| مات. | 14:16 | مات. 2:14. |
| مات. | 16:16 | يـۇھ. 69:6. |
| مات. | 17:16 | مات. 25:11. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 18:16 | زەب. 22:118؛ يەش. 16:28؛ 20:33؛ يـۇھ. 43:1؛ 1كور. 11:3. |
| مات. | 19:16 | مات. 18:18؛ يـۇھ. 22:20. |
| مات. | 21:16 | مات. 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24. |
| مات. | 23:16 | 2سام. 22:19. |
| مات. | 24:16 | مات. 38:10؛ مار. 34:8؛ لۇقا 23:9؛ 27:14. |
| مات. | 25:16 | مات. 39:10؛ مار. 35:8؛ لۇقا 24:9؛ 33:17؛ يـۇھ. 25:12. |
| مات. | 26:16 | زەب. 49:12-6؛ مار. 37:8؛ لۇقا 25:9. |
| مات. | 27:16 | ئايۇپ 11:34؛ زەب. 12:62؛ مات. 30:24؛ 31:25؛ 64:26؛ رىم. 6:2. |
| مات. | 28:16 | مار. 1:9؛ لۇقا 27:9. |
| مات. | 1:17 | مار. 2:9؛ لۇقا 28:9؛ 2پېت. 17:1. |
| مات. | 5:17 | قان. 19:18؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ روس. 22:3؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1. |
| مات. | 9:17 | مار. 9:9؛ لۇقا 36:9. |
| مات. | 10:17 | مال. 23:3؛ مات. 14:11؛ مار. 11:9. |
| مات. | 14:17 | مار. 16:9؛ لۇقا 37:9. |
| مات. | 19:17 | مار. 28:9. |
| مات. | 20:17 | مات. 21:21؛ لۇقا 6:17. |
| مات. | 22:17 | مات. 21:16؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 44:9،22؛ 31:18. |
| مات. | 25:17 | مات. 21:22؛ رىم. 7:13. |
| مات. | 1:18 | مار. 34:9؛ لۇقا 46:9؛ 24:22. |
| مات. | 3:18 | مات. 14:19؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2. |
| مات. | 4:18 | 1پېت. 6:5. |
| مات. | 5:18 | مار. 37:9؛ لۇقا 48:9؛ يـۇھ. 20:13. |
| مات. | 6:18 | مار. 42:9؛ لۇقا 2:17. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 7:18 | مات. 24:26؛ روس. 23:2؛ 4:28،27؛ 1كور. 19:11. |
| مات. | 8:18 | قان. 7:13؛ مات. 5:30،29؛ مار. 43:9. |
| مات. | 10:18 | زەب. 7:34؛ لۇقا 7:15-3 |
| مات. | 11:18 | لۇقا 10:19. |
| مات. | 12:18 | لۇقا 3:15. |
| مات. | 15:18 | لاۋ. 17:19؛ پەند. 10:17؛ لۇقا 3:17؛ ياق. 19:5. |
| مات. | 16:18 | چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 15:19؛ يـۇه. 17:8؛ 2كور. 1:13؛ ئىبر. 28:10. |
| مات. | 17:18 | 1كور. 9:5؛ 2تېـس. 14:3. |
| مات. | 18:18 | مات. 19:16؛ يـۇه. 23:20. |
| مات. | 20:18 | لۇقا 36:24،15. |
| مات. | 21:18 | لۇقا 4:17. |
| مات. | 22:18 | مات. 14:6؛ مار. 25:11؛ كول. 13:3. |
| مات. | 25:18 | مات. 25:5. |
| مات. | 35:18 | مات. 14:6؛ مار. 26:11؛ ياق. 13:2. |
| مات. | 1:19 | مار. 1:10. |
| مات. | 3:19 | مار. 2:10. |
| مات. | 4:19 | يار. 17:1؛ 24:2؛ 2:5 |
| مات. | 5:19 | يار. 24:2؛ 1كور. 16:6؛ ئەف. 31:5. |
| مات. | 6:19 | 1كور. 10:7. |
| مات. | 7:19 | قان. 1:24؛ يەر. 1:3. |
| مات. | 9:19 | مات. 32:5؛ مار. 11:10؛ لۇقا 18:16؛ 1كور. 10:7. |
| مات. | 11:19 | 1كور. 7:17،7. |
| مات. | 13:19 | مار. 13:10؛ لۇقا 15:18. |
| مات. | 14:19 | مات. 3:18؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2. |
| مات. | 16:19 | مار. 17:10؛ لۇقا 18:18. |
| مات. | 18:19 | مىس. 12:20؛ لاۋ. 18:19؛ قان. 5:20-16؛ رىم. 9:13. |
| مات. | 19:19 | لاۋ. 17:19؛ مات. 39:22؛ مار. 31:12؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 21:19 | مات. 19:6؛ لۇقا 33:12؛ 16:9؛ 1تىم. 19:6. |
| مات. | 23:19 | پەند. 28:11؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18. |
| مات. | 26:19 | ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ لۇقا 37:1؛ 27:18. |
| مات. | 27:19 | مات. 20:4؛ مار. 28:10؛ لۇقا 11:5؛ 28:18. |
| مات. | 28:19 | لۇقا 30:22. |
| مات. | 29:19 | قان. 9:33؛ ئايۇپ 12:42. |
| مات. | 30:19 | مار. 31:10؛ لۇقا 30:13. |
| مات. | 16:20 | مات. 30:19؛ 14:22؛ مار. 31:10؛ لۇقا 30:13. |
| مات. | 17:20 | مار. 32:10؛ لۇقا 31:18؛ 7:24. |
| مات. | 19:20 | مات. 2:27؛ لۇقا 1:23؛ يـۇھ. 28،31:18؛ روس. 23:3. |
| مات. | 20:20 | مار. 35:10. |
| مات. | 22:20 | لۇقا 12: 49،50؛ رىم. 26:8. |
| مات. | 23:20 | مات. 34:25. |
| مات. | 25:20 | مار. 42:10؛ لۇقا 25:22. |
| مات. | 26:20 | 1پېت. 3:5. |
| مات. | 27:20 | مات. 11:23؛ مار. 35:9؛ 43:10. |
| مات. | 28:20 | لۇقا 27:22؛ يـۇھ. 14:13؛ ئەف. 7:1؛ فىل. 7:2؛ 1تىم. 6:2؛ 1پېت. 19:1 |
| مات. | 29:20 | مار. 46:10؛ لۇقا 35:18. |
| مات. | 1:21 | مار. 1:11؛ لۇقا 29:19. |
| مات. | 5:21 | 1پاد. 1:40-38؛ يەش. 11:62؛ زەك. 9:9؛ يـۇھ. 15:12. |
| مات. | 7:21 | 2پاد. 13:9؛ يـۇھ. 14:12. |
| مات. | 9:21 | زەب. 26:118-25 |
| مات. | 12:21 | قان. 26:14؛ مار. 15:11؛ لۇقا 45:19؛ يـۇھ. 14:2. |
| مات. | 13:21 | 1پاد. 29:8؛ يەش. 7:56؛ يەر. 11:7؛ لۇقا 46:19. |
| مات. | 15:21 | مار. 27:11. |
| مات. | 16:21 | زەب. 2:8 |
| مات. | 18:21 | مار. 12،20:11. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 19:21 | هوش. 10:9 |
| مات. | 21:21 | مات. 20:17؛ لۇقا 6:17. |
| مات. | 22:21 | مات. 7:7؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3. |
| مات. | 23:21 | مىس. 14:2؛ مار. 27:11؛ لۇقا 1:20؛ روس. 7:4؛ 2:7. |
| مات. | 26:21 | مات. 5:14؛ مار. 20:6. |
| مات. | 32:21 | مات. 1:3. |
| مات. | 33:21 | زەب. 9:80ـ8؛ يەش. 7:5ـ1؛ يەر. 21:2؛ 10:12؛ مار. 1:12؛ لۇقا 9:20. |
| مات. | 35:21 | 2تار. 21:24. |
| مات. | 38:21 | يار. 18:37؛ زەب. 1:2، 8؛ مات. 3:26؛ 1:27؛ يـۇھ. 53:11؛ ئىبر. 2:1. |
| مات. | 42:21 | زەب. 23:118ـ22؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛ مار. 10:12؛ لۇقا 17:20؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 6:2. |
| مات. | 43:21 | مىس. 10:32؛ يەش. 5:55؛ مات. 12:8. |
| مات. | 44:21 | يەش. 15:8؛ دان. 34:2؛ زەك. 3:12؛ لۇقا 18:20. |
| مات. | 45:21 | لۇقا 19:20. |
| مات. | 46:21 | لۇقا 16:7؛ يـۇھ. 40:7. |
| مات. | 2:22 | لۇقا 6:14؛ ۋەھ. 7:19. |
| مات. | 13:22 | مات. 12:8؛ 42:13؛ 51:24؛ 30:25؛ لۇقا 28:13. |
| مات. | 14:22 | مات. 16:20. |
| مات. | 15:22 | مار. 13:12؛ لۇقا 20:20. |
| مات. | 21:22 | مات. 25:17؛ رىم. 7:13. |
| مات. | 23:22 | مار. 18:12؛ لۇقا 27:20؛ روس. 8:23. |
| مات. | 24:22 | قان. 6:25ـ5؛ يار. 8:38. |
| مات. | 32:22 | مىس. 6،15:3. |
| مات. | 33:22 | مات. 28:7. |
| مات. | 34:22 | مار. 28:12. |

مات. 35:22 لۇقا 25:10.
مات. 37:22 قان. 5:6؛ 12:10؛ 6:30؛ لۇقا 27:10.
مات. 39:22 لاۋ. 18:19؛ مار. 31:12؛ رىم. 9:13؛ گال. 14:5؛
ئەف. 2:5؛ 1تىس. 9:4؛ ياق. 8:2.
مات. 41:22 مار. 35:12؛ لۇقا 41:20.
مات. 44:22 زەب. 1:110؛ روس. 2:34؛ 1كور. 25:15؛ ئىبر. 13:1؛ 13:10.
مات. 2:23 نەھ. 4:8
مات. 3:23 قان. 19:17؛ مال. 6:2؛ رىم. 19:2.
مات. 4:23 يەش. 1:10؛ لۇقا 46:11؛ روس. 10:15.
مات. 5:23 چۆل. 38:15؛ قان. 8:6؛ 12:22؛ مات. 5:6.
مات. 6:23 مار. 38،39:12؛ لۇقا 43:11؛ 46:20.
مات. 7:23 ياق. 1:3.
مات. 9:23 مال. 6:1.
مات. 11:23 مات. 26:20.
مات. 12:23 ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ لۇقا 11:14؛ 14:18؛
ياق. 6،10:4؛ 1پېت. 5:5.
مات. 13:23 لۇقا 52:11.
مات. 14:23 مار. 40:12؛ لۇقا 47:20؛ 2تىم. 6:3؛ تىت. 11:1.
مات. 21:23 1پاد. 13:8؛ 2تار. 1:6، 2.
مات. 22:23 2تار. 33:6؛ يەش. 1:66؛ مات. 34:5؛ روس. 49:7.
مات. 23:23 1سام. 22:15؛ هوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛
مات. 13:9؛ 7:12؛ لۇقا 42:11.
مات. 25:23 لۇقا 39:11.
مات. 26:23 تىت. 15:1.
مات. 27:23 روس. 3:23.
مات. 29:23 لۇقا 47:11.
مات. 31:23 روس. 51:7؛ 1تېس. 15:2.
مات. 33:23 مات. 7:3.

مات. 34:23 مات. 17:10،16؛ لۇقا 3:10؛ 49:11؛ يـۇھ. 2:16؛
روس. 52:7.
مات. 35:23 يار. 8:4؛ 2تار. 21:24؛ ئىبر. 4:11.
مات. 37:23 زەب. 8:17؛ 4:91؛ مات. 35،36:21؛ لۇقا 34:13.
مات. 38:23 زەب. 25:69؛ يەش. 7:1؛ يەر. 34:7؛ مىك. 12:3؛
روس. 20:1.
مات. 39:23 زەب. 26:118.
مات. 1:24 مار. 1:13؛ لۇقا 5:21.
مات. 2:24 1پاد. 7:9، 8؛ مىك. 12:3؛ لۇقا 44:19.
مات. 3:24 مار. 1:13، 3؛ لۇقا 7:21؛ روس. 6:1.
مات. 4:24 يەر. 8:29؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 2تېس. 3:2؛ 1يۇھ. 1:4.
مات. 5:24 يەر. 14:14؛ 25:23؛ يـۇھ. 43:5.
مات. 7:24 يەش. 2:19.
مات. 9:24 مات. 17:10؛ لۇقا 11،12:21؛ يـۇھ. 20:15؛ 2:16؛
ۋەھ. 10:2.
مات. 11:24 2پېت. 1:2.
مات. 12:24 2تىم. 1:3.
مات. 13:24 مات. 22:10؛ مار. 13:13؛ لۇقا 19:21؛ ۋەھ. 7،10:2؛ 10:3.
مات. 15:24 دان. 27:9؛ مار. 14:13؛ لۇقا 20:21؛ 2تېس. 4:2
مات. 20:24 روس. 12:1.
مات. 21:24 دان. 1:12.
مات. 23:24 مار. 21:13؛ لۇقا 8:21.
مات. 24:24 قان. 2:13؛ 2تېس. 11:2.
مات. 26:24 لۇقا 23:17.
مات. 28:24 ئايۇپ 30:39؛ لۇقا 37:17.
مات. 29:24 يەش. 10:13؛ 4:34؛ ئەز. 7:32؛ يو. 31:2؛ 15:3؛
مار. 24:13؛ لۇقا 25:21.

مات. 30:24 دان. 10:7؛ مات. 27:16؛ 31:25؛ 64:26؛
مار. 26:13؛ 62:14؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛
2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.
مات. 31:24 1كور. 52:15؛ 1تېس. 16:4.
مات. 32:24 مار. 28:13؛ لۇقا 29:21.
مات. 35:24 زەب. 27:102-25؛ يەش. 6:51؛ مار. 31:13؛ ئىبر. 11:1.
مات. 36:24 مار. 32:13؛ روس. 7:1.
مات. 37:24 يار. 2:6؛ لۇقا 26:17؛ 1پېت. 20:3؛ 2پېت. 5:2.
مات. 38:24 يار. 7:7.
مات. 40:24 لۇقا 34:17؛ 1تېس. 17:4.
مات. 42:24 مات. 13:25؛ مار. 33:13؛ لۇقا 40:12؛ 36:21.
مات. 43:24 لۇقا 39:12؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16.
مات. 45:24 مات. 21:25؛ لۇقا 42:12.
مات. 51:24 مات. 12:8؛ 42:13؛ 13:22؛ 30:25؛ لۇقا 28:13.
مات. 13:25 مات. 42:24؛ مار. 35:13،33.
مات. 14:25 لۇقا 12:19.
مات. 29:25 مات. 12:13؛ مار. 25:4؛ لۇقا 18:8؛ 26:19.
مات. 30:25 مات. 12:8؛ 42:13؛ 13:22؛ 51:24؛ لۇقا 28:13.
مات. 31:25 مات. 27:16؛ 64:26؛ مار. 62:14؛ لۇقا 27:21؛
روس. 11:1؛ 1تېس. 16:4؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.
مات. 32:25 ئەز. 20:34،17؛ مات. 49:13.
مات. 34:25 مات. 23:20؛ مار. 40:10.
مات. 35:25 يەش. 7:58؛ ئەز. 7:18؛ ئىبر. 2:13.
مات. 36:25 يەش. 7:58؛ 2تىم. 16:1؛ ياق. 16:2،15.
مات. 40:25 پەند. 17:19؛ مات. 42:10؛ مار. 41:9؛ يۇھ. 20:13؛ 2كور. 6:9.
مات. 41:25 زەب. 8:6؛ يەش. 33:30؛ مات. 23:7؛ لۇقا 27:13،25؛
ۋەھ. 20:19.
مات. 45:25 پەند. 31:14؛ 5:17؛ زەك. 12:2.

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 46:25 | دان. 2:12؛ يـۇھ. 29:5. |
| مات. | 2:26 | مار. 1:14؛ لۇقا 1:22؛ يـۇھ. 1:13 |
| مات. | 3:26 | زەب. 2:2؛ يـۇھ. 47:11؛ روس. 27:4. |
| مات. | 7:26 | مار. 3:14؛ لۇقا 37:7؛ يـۇھ. 2:11؛ 3:12. |
| مات. | 11:26 | قان. 11:15؛ مار. 7:14؛ يـۇھ. 8:12. |
| مات. | 14:26 | مار. 10:14؛ لۇقا 4:22. |
| مات. | 15:26 | زەك. 12:11. |
| مات. | 17:26 | مىس. 17:12؛ مار. 12:14؛ لۇقا 7:22. |
| مات. | 20:26 | مار. 17:14؛ لۇقا 14:22؛ يـۇھ. 21:13. |
| مات. | 21:26 | روس. 17:1. |
| مات. | 23:26 | زەب. 9:41؛ لۇقا 21:22؛ يـۇھ. 18:13. |
| مات. | 26:26 | مار. 22:14؛ لۇقا 19:22؛ 1كور. 23:11. |
| مات. | 28:26 | مىس. 8:24. |
| مات. | 30:26 | مار. 26:14؛ لۇقا 39:22؛ يـۇھ. 1:18. |
| مات. | 31:26 | زەك. 7:13؛ يـۇھ. 32:16. |
| مات. | 32:26 | مار. 28:14؛ 7:16. |
| مات. | 33:26 | لۇقا 33:22. |
| مات. | 34:26 | يـۇھ. 38:13. |
| مات. | 36:26 | مار. 32:14؛ لۇقا 39:22؛ يـۇھ. 1:18. |
| مات. | 38:26 | يـۇھ. 27:12. |
| مات. | 39:26 | مات. 23:20،22؛ لۇقا 41:22؛ يـۇھ. 38:6. |
| مات. | 41:26 | گال. 17:5. |
| مات. | 47:26 | مار. 43:14؛ لۇقا 47:22؛ يـۇھ. 3:18. |
| مات. | 54:26 | زەب. 6:22؛ 8:40-6؛ 10:69،4-1؛ لۇقا 25:24. |
| مات. | 56:26 | ئايۇپ 13:19؛ زەب. 8:88، 18؛ زەك. 7:13. |
| مات. | 57:26 | مار. 53:14؛ لۇقا 54:22؛ يـۇھ. 12:18. |
| مات. | 59:26 | مار. 55:14؛ روس. 13:6. |
| مات. | 61:26 | يـۇھ. 19:2. |

مات. 62:26 مار. 60:14.

مات. 63:26 يەش. 7:53؛ مات. 12،14:27.

مات. 64:26 زەب. 1:110؛ دان. 13:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ مار. 62:14؛
لۇقا 69:22؛ روس. 11:1؛ رىم. 10:14؛ 1تېس. 16:4؛ ۋەھ. 7:1.

مات. 66:26 لاۋ. 16:24.

مات. 67:26 يەش. 6:50.

مات. 68:26 ئايۇپ 10:16؛ لۇقا 64:22؛ يـۇھ. 3:19.

مات. 69:26 مار. 66:14؛ لۇقا 55:22؛ يـۇھ. 16،25:18.

مات. 75:26 مات. 34:26؛ مار. 30:14؛ لۇقا 61:22؛ يـۇھ. 38:13

مات. 1:27 زەب. 2:2؛ مار. 1:15؛ لۇقا 66:22؛ 2:23؛ يـۇھ. 28:18.

مات. 2:27 روس. 13:3.

مات. 5:27 2سام. 23:17؛ روس. 18:1.

مات. 7:27 روس. 19:1.

مات. 9:27 زەك. 12:11.

مات. 10:27 يەر. 9:32-6؛ زەك. 12:11، 13

مات. 11:27 مار. 2:15؛ لۇقا 3:23؛ يـۇھ. 33:18.

مات. 13:27 مات. 62:26.

مات. 14:27 يەش. 7:53؛ روس. 32:8.

مات. 15:27 مار. 6:15؛ لۇقا 17:23؛ يـۇھ. 39:18.

مات. 16:27 مار. 7:15؛ لۇقا 19:23؛ يـۇھ. 40:18.

مات. 20:27 مار. 11:15؛ لۇقا 18:23؛ يـۇھ. 40:18؛ روس. 14:3.

مات. 25:27 روس. 28:5.

مات. 27:27 مار. 16:15؛ يـۇھ. 2:19.

مات. 32:27 مار. 21:15؛ لۇقا 26:23.

مات. 33:27 مار. 22:15؛ لۇقا 33:23؛ يـۇھ. 17:19.

مات. 34:27 زەب. 21:69

مات. 35:27 زەب. 18:22؛ مار. 24:15؛ يـۇھ. 23:19.

مات. 37:27 مار. 26:15؛ لۇقا 38:23؛ يـۇھ. 19:19.

مات. 38:27 يەش. 12:53.
مات. 39:27 زەب. 22:9-8؛ 20:69-19؛ مار. 29:15؛ لۇقا 35:23.
مات. 40:27 مات. 61:26؛ يـۇھ. 19:2.
مات. 45:27 مار. 33:15؛ لۇقا 44:23.
مات. 46:27 زەب. 2:22-1؛ ئىبر. 7:5.
مات. 48:27 زەب. 21:69؛ يـۇھ. 29:19.
مات. 50:27 زەب. 5:31؛ لۇقا 46:23
مات. 51:27 2تار. 14:3؛ مار. 38:15؛ لۇقا 45:23.
مات. 54:27 مار. 39:15؛ لۇقا 47:23.
مات. 55:27 زەب. 11:38؛ مار. 40:15؛ لۇقا 2:8؛ 49:23.
مات. 57:27 مار. 42:15؛ لۇقا 50:23؛ يـۇھ. 38:19.
مات. 60:27 مار. 46:15؛ لۇقا 53:23.
مات. 63:27 مات. 21:16؛ 23:17؛ 19:20؛ مار. 31:8؛ 34:10؛
لۇقا 22:9؛ 33:18؛ 6:24.
مات. 1:28 مار. 1:16؛ لۇقا 1:24؛ يـۇھ. 1:20.
مات. 3:28 دان. 9:7؛ روس. 10:1.
مات. 5:28 مار. 6:16؛ لۇقا 4:24.
مات. 6:28 مات. 21:16؛ 23:17؛ 19:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 34:10؛
لۇقا 22:9؛ 33:18؛ 6:24.
مات. 7:28 مات. 32:26؛ مار. 7:16.
مات. 8:28 مار. 8:16؛ يـۇھ. 18:20.
مات. 9:28 مار. 9:16؛ يـۇھ. 14:20.
مات. 10:28 روس. 3:1؛ 31:13؛ 1كور. 5:15.
مات. 16:28 مات. 32:26؛ مار. 28:14.
مات. 18:28 زەب. 6:8-5؛ مات. 27:11؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 35:3؛ 2:17؛
1كور. 27:15؛ ئەف. 22:1؛ ئىبر. 8:2.
مات. 19:28 مار. 15:16؛ يـۇھ. 16:15.
مات. 20:28 يـۇھ. 18:14.

# ماركۇس

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 2:1 | مس. 20:23؛ مال. 1:3؛ مات. 10:11؛ لۇقا 27:7. |
| مار. | 3:1 | يەش. 3:40؛ مات. 3:3؛ لۇقا 4:3؛ يـۇھ. 23:1. |
| مار. | 4:1 | مات. 1:3؛ لۇقا 3:3؛ يـۇھ. 23:3. |
| مار. | 5:1 | مات. 5:3؛ لۇقا 7:3. |
| مار. | 6:1 | 2پاد. 8:1؛ لاۋ. 22:11؛ مات. 4:3. |
| مار. | 7:1 | مات. 11:3؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 27:1. |
| مار. | 8:1 | يەش. 3:44؛ يو. 29،28:2؛ مات. 11:3؛<br>روس. 5:1؛ 4:2؛ 16،15:11؛ 4:19. |
| مار. | 10:1 | مات. 16:3؛ لۇقا 21:3؛ يـۇھ. 32:1. |
| مار. | 11:1 | زەب. 7:2؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 7:9؛<br>لۇقا 22:3؛ 35:9؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1. |
| مار. | 12:1 | مات. 1:4؛ لۇقا 1:4. |
| مار. | 15-14:1 | مات. 12:4؛ لۇقا 14:4؛ يـۇھ. 43:4. |
| مار. | 16:1 | مات. 18:4. |
| مار. | 17:1 | يەر. 16:16؛ ئەز. 10:47. |
| مار. | 18:1 | مات. 27:19؛ مار. 28:10؛ لۇقا 11:5؛ 28:18. |
| مار. | 19:1 | مات. 21:4. |
| مار. | 21:1 | مات. 13:4؛ لۇقا 31:4. |
| مار. | 22:1 | مات. 28:7؛ لۇقا 32:4. |
| مار. | 23:1 | لۇقا 33:4. |
| مار. | 29:1 | مات. 14:8؛ لۇقا 38:4. |
| مار. | 32:1 | مات. 16:8؛ لۇقا 40:4. |
| مار. | 35:1 | مات. 23:14؛ لۇقا 42:4. |
| مار. | 38:1 | يەش. 1:61؛ لۇقا 43؛18:4. |
| مار. | 40:1 | مات. 2:8؛ لۇقا 12:5. |

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 43:1 | لاۋ. 2:13؛ 1:14. |
| مار. | 1:2 | مات. 1:9؛ لۇقا 17:5. |
| مار. | 3:2 | مات. 1:9؛ لۇقا 18:5. |
| مار. | 7:2 | زەب. 5:32؛ 51:4-2؛ يەش. 25:43. |
| مار. | 13:2 | مات. 9:9؛ لۇقا 27:5. |
| مار. | 17:2 | مات. 13:9؛ 31:21؛ لۇقا 32:5؛ 10:19؛ 1تىم. 15:1. |
| مار. | 18:2 | مات. 14:9؛ لۇقا 33:5. |
| مار. | 19:2 | يەش. 5:62؛ 2كور. 2:11. |
| مار. | 22:2 | مات. 17:9. |
| مار. | 23:2 | قان. 24:23؛ مات. 1:12؛ لۇقا 1:6. |
| مار. | 24:2 | مىس. 10:20. |
| مار. | 25:2 | 1سام. 6:21. |
| مار. | 26:2 | لاۋ. 9:24. |
| مار. | 28:2 | مات. 8:12؛ لۇقا 5:6. |
| مار. | 1:3 | مات. 9:12؛ لۇقا 6:6. |
| مار. | 5:3 | 1پاد. 6:13. |
| مار. | 6:3 | مات. 14:12؛ يـۇھ. 39:10؛ 53:11. |
| مار. | 7:3-8 | مات. 25:4؛ لۇقا 17:6. |
| مار. | 13:3 | مات. 1:10؛ مار. 7:6؛ لۇقا 13:6؛ 1:9. |
| مار. | 20:3 | مار. 31:6. |
| مار. | 22:3 | مات. 34:9؛ 24:12؛ لۇقا 15:11؛ يـۇھ. 48:8. |
| مار. | 23:3 | مات. 25:12. |
| مار. | 27:3 | مات. 29:12؛ كول. 15:2. |
| مار. | 28:3 | 1سام. 25:2؛ مات. 31:12؛ لۇقا 10:12؛ 1يۇھ. 16:5. |
| مار. | 29:3 | 1يۇھ. 16:5. |
| مار. | 31:3 | مات. 46:12؛ لۇقا 19:8. |
| مار. | 35:3 | يـۇھ. 14:15؛ 2كور. 16،17:5. |
| مار. | 1:4 | مات. 1:13؛ لۇقا 4:8. |

مار. 10:4 مات. 10:13؛ لۇقا 9:8.

مار. 11:4 مات. 25:11؛ 2كور. 14:2؛ 14:3.

مار. 12:4 يەش. 10:6ـ9؛ مات. 14:13؛ لۇقا 10:8؛ يـۇھ. 40:12؛
روس. 26:28؛ رىم. 8:11.

مار. 14:4 مات. 19:13؛ لۇقا 11:8.

مار. 19:4 مات. 23:19؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18؛ 1تىم. 9:6.

مار. 21:4 مات. 15:5؛ لۇقا 16:8؛ 33:11.

مار. 22:4 ئايۇپ 22:12؛ مات. 26:10؛ لۇقا 17:8؛ 2:12.

مار. 24:4 مات. 2:7؛ لۇقا 38:6.

مار. 25:4 مات. 12:13؛ 29:25؛ لۇقا 18:8؛ 26:19.

مار. 30:4 مات. 31:13؛ لۇقا 18:13.

مار. 33:4 مات. 34:13.

مار. 35:4 مات. 23:8؛ لۇقا 22:8.

مار. 39:4 ئايۇپ 12:26؛ زەب. 29:107؛ يەش. 10:51.

مار. 1:5 مات. 28:8؛ لۇقا 26:8.

مار. 18:5 لۇقا 38:8.

مار. 21:5 لۇقا 40:8.

مار. 23ـ22:5 مات. 18:9؛ لۇقا 41:8.

مار. 25:5 لاۋ. 25:15؛ مات. 20:9؛ لۇقا 43:8.

مار. 30:5 لۇقا 19:6.

مار. 34:5 مات. 22:9؛ مار. 52:10.

مار. 35:5 لۇقا 49:8.

مار. 39:5 يـۇھ. 11:11.

مار. 1:6 مات. 53:13؛ لۇقا 16:4.

مار. 3:6 يـۇھ. 42:6.

مار. 4:6 مات. 57:13؛ لۇقا 24:4؛ يـۇھ. 44:4.

مار. 5:6 مات. 58:13.

مار. 6:6 مات. 35:9؛ لۇقا 22:13.

مار. 7:6 مات. 1:10؛ لۇقا 13:6؛ 1:9.

مار. 9:6 روس. 8:12.

مار. 11:6 مات. 15:10،14؛ لۇقا 5:9؛ 12:10؛ روس. 51:13؛ 6:18

مار. 13:6 ياق. 14:5.

مار. 14:6 مات. 1:14؛ لۇقا 7:9.

مار. 17:6ـ18 مات. 3:14؛ لۇقا 19:3؛ 9:9؛ لاۋ. 16:18؛ 21:20.

مار. 20:6 مات. 5:14؛ 26:21.

مار. 21:6 يار. 20:40؛ مات. 6:14.

مار. 23:6 هاك. 30:11.

مار. 27:6 مات. 10:14.

مار. 30:6 لۇقا 10:9.

مار. 31:6 مار. 20:3.

مار. 32:6 مات. 13:14؛ لۇقا 10:9؛ يـۇه. 1:6.

مار. 34:6 يەر. 1:23؛ ئەز. 2:34؛ مات. 36:9؛ 4:14؛ لۇقا 11:9.

مار. 35:6 مات. 15:14؛ لۇقا 12:9؛ يـۇه. 5:6.

مار. 38:6 مات. 17:14؛ لۇقا 13:9؛ يـۇه. 9:6.

مار. 41:6 1سام. 13:9؛ يـۇه. 1:17.

مار. 45:6 مات. 22:14؛ يـۇه. 17:6.

مار. 46:6 مات. 23:14؛ لۇقا 12:6.

مار. 47:6 مات. 23:14؛ يـۇه. 16:6.

مار. 53:6 مات. 3:14.

مار. 1:7 مات. 1:15.

مار. 6:7 يەش. 13:29؛ ئەز. 31:33.

مار. 7:7 مات. 9:15؛ كول. 18،20:2؛ تىت. 14:1.

مار. 10:7 مىس. 12:20؛ 17:21؛ لاۋ. 9:20؛ قان. 16:5؛ 16:27؛
پەند. 20:20؛ ئەف. 2:6.

مار. 13:7 مات. 6:15؛ 1تىم. 3:4؛ 2تىم. 2:3.

مار. 14:7 مات. 10:15.

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 15:7 | روس. 15:10؛ رىم. 20:14،17؛ تست. 15:1. |
| مار. | 17:7 | مات. 15:15. |
| مار. | 21:7ـ22 | يار. 5:6؛ 21:8؛ پەند. 14:6؛ يەر. 9:17. |
| مار. | 24:7 | مات. 21:15. |
| مار. | 31:7 | مات. 29:15. |
| مار. | 32:7 | مات. 32:9؛ لۇقا 14:11. |
| مار. | 37:7 | يار. 31:1. |
| مار. | 1:8 | مات. 32:15. |
| مار. | 10:8 | مات. 39:15. |
| مار. | 11:8 | مات. 38:12؛ 1:16؛ لۇقا 29:11؛ يـۇھ. 30:6. |
| مار. | 12:8 | مات. 4:16. |
| مار. | 15:8 | مات. 6:16؛ لۇقا 1:12. |
| مار. | 17:8 | مار. 52:6. |
| مار. | 19:8 | مات. 20:14،17؛ مار. 38:6؛ لۇقا 13:9؛ يـۇھ. 9:6. |
| مار. | 20:8 | مات. 37:15،36. |
| مار. | 23:8 | مار. 32:7. |
| مار. | 27:8 | مات. 13:16؛ لۇقا 18:9. |
| مار. | 28:8 | مات. 2:14. |
| مار. | 29:8 | مات. 16:16؛ يـۇھ. 69:6. |
| مار. | 31:8 | مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24. |
| مار. | 33:8 | 2سام. 22:19. |
| مار. | 34:8 | مات. 38:10؛ 24:16؛ لۇقا 23:9؛ 27:14. |
| مار. | 35:8 | مات. 39:10؛ 25:16؛ لۇقا 24:9؛ 33:17؛ يـۇھ. 25:12. |
| مار. | 37:8 | زەب. 9:49ـ6. |
| مار. | 38:8 | مات. 32:10؛ لۇقا 26:9؛ 8:12؛ 2تىم. 12:2؛ 1يۇھ. 23:2. |
| مار. | 1:9 | مات. 28:16؛ لۇقا 27:9. |
| مار. | 2:9 | مات. 1:17؛ لۇقا 28:9. |

مار. 7:9 قان. 19:18؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛
لۇقا 22:3؛ 35:9؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1.

مار. 9:9 مات. 9:17؛ لۇقا 36:9.

مار. 11:9 مال. 5:4؛ مات. 14:11؛ لۇقا 17:1.

مار. 12:9 مال. 5:4؛ زەب. 6:22؛ يەش. 4:53؛ دان. 26:9؛ ۋەھ. 7:11-4.

مار. 13:9 مال. 5،6:4

مار. 17:9 مات. 14:17؛ لۇقا 37،38:9.

مار. 20:9 مار. 26:1.

مار. 23:9 لۇقا 6:17.

مار. 28:9 مات. 19:17.

مار. 30:9 مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 33:10؛
لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24.

مار. 33:9 مات. 1:18؛ لۇقا 46:9؛ 24:22.

مار. 35:9 مات. 27:20؛ مار. 43:10.

مار. 36:9 مار. 16:10.

مار. 37:9 مات. 5:18؛ لۇقا 48:9؛ يـۇھ. 20:13.

مار. 38:9 لۇقا 49:9.

مار. 39:9 1كور. 3:12.

مار. 41:9 مات. 42:10.

مار. 42:9 مات. 6:18؛ لۇقا 2:17.

مار. 43:9 قان. 7:13؛ مات. 30:5؛ 8:18.

مار. 44:9 يەش. 24:66.

مار. 46:9 يەش. 24:66

مار. 48:9 يەش. 24:66

مار. 49:9 لاۋ. 13:2.

مار. 50:9 مات. 13:5؛ لۇقا 34:14؛ رىم. 18:12؛ ئىبر. 14:12.

مار. 1:10 مات. 1:19.

مار. 4:10 قان. 1:24، 3؛ يەر. 1:3؛ مات. 31:5.

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 6:10 | يار. 27:1، 24:2، 2:5؛ مات. 4:19. |
| مار. | 7:10 | يار. 24:2؛ 1كور. 16:6؛ ئەف. 31:5. |
| مار. | 8:10 | يار. 24:2 |
| مار. | 9:10 | 1كور. 10:7. |
| مار. | 11:10 | مات. 32:5؛ 9:19؛ لۇقا 18:16؛ 1كور. 10:7. |
| مار. | 13:10 | مات. 13:19؛ لۇقا 15:18. |
| مار. | 14:10 | مات. 3:18؛ 14:19؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2. |
| مار. | 16:10 | مات. 15:19؛ مار. 36:9. |
| مار. | 17:10 | مات. 16:19؛ لۇقا 18:18. |
| مار. | 19:10 | مس. 16:20-12؛ 12:21؛ قان. 20:5-16؛ قان. 14:24؛ رىم. 9:13. |
| مار. | 21:10 | مات. 19:6؛ لۇقا 33:12؛ 1تىم. 17:6. |
| مار. | 23:10 | پەند. 28:11؛ مات. 23:19؛ لۇقا 24:18. |
| مار. | 27:10 | ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ لۇقا 37:1. |
| مار. | 28:10 | مات. 20:4؛ 27:19؛ لۇقا 11:5؛ 28:18. |
| مار. | 31:10 | مات. 30:19؛ 16:20؛ لۇقا 30:13. |
| مار. | 32:10 | مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24. |
| مار. | 35:10 | مات. 20:20. |
| مار. | 38:10 | مات. 22:20؛ لۇقا 50:12،49. |
| مار. | 40:10 | مات. 34:25. |
| مار. | 41:10 | مات. 24:20. |
| مار. | 42:10 | مات. 25:20؛ لۇقا 25:22. |
| مار. | 43:10 | 1پېت. 3:5. |
| مار. | 45:10 | يـۇھ. 14:13؛ ئەف. 7:1؛ فىل. 7:2؛ كول. 14:1؛ 1تىم. 6:2؛ تىت. 14:2. |
| مار. | 46:10 | مات. 29:20؛ لۇقا 35:18. |
| مار. | 52:10 | مات. 22:9؛ مار. 34:5. |

مار. 1:11-2 مات. 1:21؛ لۇقا 29:19.
مار. 7:11 2پاد. 9:13؛ يـۇھ. 14:12.
مار. 9:11 زەب. 26:118.
مار. 11:11 مات. 14:21،12؛ لۇقا 45:19؛ يـۇھ. 14:2.
مار. 12:11 مات. 18:21.
مار. 15:11 مال.5:3-1؛ مات. 12:21؛ لۇقا 45:19؛ يـۇھ. 14:2.
مار. 17:11 1پاد. 29:8؛ يەش. 7:56؛ يەر. 11:7؛ مات. 13:21؛
لۇقا 46:19.
مار. 18:11 يەش.7:49؛ مات.46:21.
مار. 23:11 مات. 20:17؛ 21:21؛ لۇقا 6:17.
مار. 24:11 يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ لۇقا 9:11؛ يــۇھ. 13:14؛ 7:15؛
24:16؛ ياق. 5:1، 6؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5.
مار. 25:11 مات. 14:6؛ كول. 13:3.
مار. 26:11 مات. 35:18.
مار. 27:11 مات. 23:21؛ لۇقا 1:20.
مار. 28:11 مس. 14:2؛ روس. 7:4؛ 27:7.
مار. 32:11 مات. 5:14؛ مار. 20:6.
مار. 1:12 زەب. 9:80-8؛ يەش. 1:5؛ يەر. 21:2؛ 10:12؛
مات. 33:21؛ لۇقا 9:20.
مار. 7:12 يار. 18:37؛ زەب. 8:2؛ مات. 3:26؛ يـۇھ. 53:11
مار. 10:12 زەب. 23:118-22؛ يەش. 16:28؛ مات. 42:21؛ لۇقا 17:20؛
روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 6:2.
مار. 11:12 زەب. 22،23:118
مار. 13:12 مات. 15:22؛ لۇقا 20:20.
مار. 17:12 مات. 25:17؛ 21:22؛ رىم. 7:13.
مار. 18:12 مات. 23:22؛ لۇقا 27:20؛ روس. 8:23.
مار. 19:12 يار. 8:38؛ قان. 5:25، 6.
مار. 25:12 مات. 30:22؛ 1يۇھ. 2:3.

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 26:12 | مىس. 6،15:3؛ مات. 31،32:22؛ روس. 32:7؛ ئىبر. 16:11. |
| مار. | 28:12 | مات. 34:22؛ لۇقا 25:10. |
| مار. | 29:12 | قان. 35:4؛ 5:6ـ4؛ 12:10؛ لۇقا 27:10. |
| مار. | 31:12 | لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ رىم. 9:13؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2. |
| مار. | 34:12 | قان. 35:4؛ 5:6ـ4؛ يەش. 21:45 |
| مار. | 35:12 | مات. 41:22؛ لۇقا 41:20. |
| مار. | 36:12 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئىبر. 13:1؛ 13:10. |
| مار. | 38:12 | مات. 5:23، 6؛ لۇقا 43:11؛ 46:20. |
| مار. | 40:12 | مات. 14:23؛ لۇقا 47:20؛ 2تىم. 6:3؛ تىت. 11:1. |
| مار. | 41:12 | 2پاد. 10:12؛ لۇقا 1:21. |
| مار. | 43:12 | 2كور. 12:8. |
| مار. | 1:13 | مات. 1:24؛ لۇقا 5:21. |
| مار. | 2:13 | 1پاد. 7:9، 8؛ مىك. 12:3؛ لۇقا 44:19. |
| مار. | 3:13 | مات. 3:24؛ لۇقا 7:21. |
| مار. | 4:13 | روس. 6:1. |
| مار. | 5:13 | يەر. 8:29؛ ئەف. 6:5؛ 2تېس. 2:2، 3؛ 1يۇھ. 1:4. |
| مار. | 6:13 | يەر. 14:14؛ 21:23. |
| مار. | 8:13 | يەش. 2:19. |
| مار. | 9:13 | مات. 17:10؛ 9:24؛ لۇقا 12:21؛ يۇھ. 19:15؛ 2:16؛ ۋەھ. 10:2. |
| مار. | 11:13 | مات. 19:10؛ لۇقا 11:12؛ 4:21. |
| مار. | 12:13 | ئەز. 21:38؛ مىك. 6:7. |
| مار. | 13:13 | مات. 22:10؛ 13:24؛ لۇقا 19:21؛ ۋەھ. 7،10:2. |
| مار. | 14:13 | دان. 27:9؛ مات. 15:24؛ لۇقا 20،21:21؛ 2تېس. 4:2 |
| مار. | 19:13 | مات. 21:24 |
| مار. | 21:13 | مات. 23:24؛ لۇقا 8:21. |
| مار. | 22:13 | قان. 2:13؛ 2تېس. 11:2. |
| مار. | 24:13 | يەش. 10:13؛ ئەز. 7:32؛ يو. 10،31:2؛ 15:3؛ مات. 29:24؛ لۇقا 25:21؛ ۋەھ. 12:6. |

مار. 25:13 يەش. 10:13؛ 4:34.

مار. 26:13 دان. 10:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ مار. 62:14؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 16:4؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

مار. 28:13 مات. 32:24؛ لۇقا 29:21.

مار. 31:13 زەب. 27:102-25؛ يەش. 8:40؛ 6:51؛ ئىبر. 11:1.

مار. 32:13 مات. 36:24؛ روس. 7:1.

مار. 33:13 مات. 42:24؛ 13:25؛ لۇقا 40:12؛ 36:21؛ 1تېس. 6:5.

مار. 1:14 مات. 2:26؛ لۇقا 1:22؛ يـۇھ. 55:11؛ 1:13.

مار. 3:14 مات. 6:26؛ لۇقا 37:7؛ يـۇھ. 2:11؛ 3:12.

مار. 7:14 قان. 11:15.

مار. 10:14 مات. 14:26؛ لۇقا 4:22.

مار. 12:14 مىس. 17:12؛ مات. 17:26؛ لۇقا 7:22.

مار. 17:14 مات. 20:26؛ لۇقا 14:22.

مار. 18:14 زەب. 9:41؛ روس. 17:1.

مار. 22:14 مات. 26:26؛ لۇقا 19:22؛ 1كور. 23:11.

مار. 27:14 زەك. 7:13؛ مات. 31:26؛ يـۇھ. 32:16.

مار. 28:14 مات. 32:26؛ 10:28؛ مار. 7:16.

مار. 30:14 مات. 34:26؛ لۇقا 34:22؛ يـۇھ. 38:13.

مار. 31:14 يـۇھ. 37:13.

مار. 32:14 مات. 36:26؛ لۇقا 39:22؛ يـۇھ. 1:18.

مار. 34:14 يـۇھ. 27:12.

مار. 35:14 لۇقا 41:22.

مار. 36:14 يـۇھ. 38:6.

مار. 37:14 مات. 40:26؛ لۇقا 45:22.

مار. 38:14 گال. 17:5.

مار. 43:14 مات. 47:26؛ لۇقا 47:22؛ يـۇھ. 3:18.

مار. 45:14 2سام. 9:20.

مار. 49:14 1سام. 15:24-14؛ زەب. 7:22-6؛ 9:69؛ لۇقا 25:24

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 50:14 | ئايۇپ 13:19؛ زەب. 8:88، 18؛ زەك.7:13 |
| مار. | 53:14 | مات. 57:26؛ لۇقا 54:22؛ يـۇھ. 13،24:18. |
| مار. | 55:14 | مات. 59:26؛ روس. 13:6. |
| مار. | 58:14 | مار. 29:15؛ يـۇھ. 19:2. |
| مار. | 60:14 | مات. 62:26. |
| مار. | 61:14 | يەش. 7:53؛ روس. 32:8. |
| مار. | 62:14 | دان. 13:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ 31:25؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 16:4؛ 2تېـس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1. |
| مار. | 65:14 | ئايۇپ 10:16؛ يەش. 6:50؛ يـۇھ. 3:19. |
| مار. | 66:14 | مات. 58،69:26؛ لۇقا 55:22؛ يـۇھ. 16،17:18. |
| مار. | 69:14 | مات. 71:26؛ لۇقا 58:22؛ يـۇھ. 25:18. |
| مار. | 72:14 | مات. 34،75:26؛ لۇقا 61:22؛ يـۇھ. 38:13؛ 27:18. |
| مار. | 1:15 | زەب. 2:2؛ مات. 1:27؛ لۇقا 66:22؛ 1:23؛ يـۇھ. 28:18؛ روس. 13:3. |
| مار. | 2:15 | مات. 11:27؛ لۇقا 3:23؛ يـۇھ. 33:18. |
| مار. | 4:15 | مات. 13:27؛ يـۇھ. 10:19. |
| مار. | 5:15 | يەش. 7:53 |
| مار. | 6:15 | مات. 15:27؛ لۇقا 17:23؛ يـۇھ. 39:18. |
| مار. | 7:15 | مات. 16:27؛ لۇقا 19:23؛ يـۇھ. 40:18. |
| مار. | 11:15 | مات. 20:27؛ لۇقا 18:23؛ يـۇھ. 40:18؛ روس. 14:3. |
| مار. | 15:15 | مات. 26:27؛ يـۇھ. 1:19. |
| مار. | 16:15 | مات. 27:27؛ يـۇھ. 2:19. |
| مار. | 21:15 | مات. 32:27؛ لۇقا 26:23. |
| مار. | 22:15 | مات. 33:27؛ لۇقا 33:23؛ يـۇھ. 17:19. |
| مار. | 24:15 | زەب. 18:22؛ مات. 35:27؛ لۇقا 34:23؛ يـۇھ. 23:19. |
| مار. | 26:15 | مات. 37:27؛ لۇقا 38:23؛ يـۇھ. 19:19. |
| مار. | 28:15 | يەش. 12:53؛ لۇقا 37:22. |

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 29:15 | زەب. 22:8-7؛ 22:69-19؛ 25:109؛ مات. 39:27؛ لۇقا 35:23؛ يـۇھ. 19:2. |
| مار. | 33:15 | مات. 45:27؛ لۇقا 44:23. |
| مار. | 34:15 | زەب. 2:22-1؛ مات. 46:27. |
| مار. | 36:15 | زەب. 21:69؛ يـۇھ. 29:19. |
| مار. | 38:15 | 2تار. 14:3؛ مات. 51:27؛ لۇقا 45:23. |
| مار. | 39:15 | مات. 54:27؛ لۇقا 47:23. |
| مار. | 40:15 | مات. 55:27؛ لۇقا 49:23. |
| مار. | 41:15 | لۇقا 2:8، 3. |
| مار. | 42:15 | مات. 57:27؛ لۇقا 50:23؛ يـۇھ. 38:19. |
| مار. | 46:15 | مات. 40:12؛ 12:26؛ 60:27؛ لۇقا 53:23. |
| مار. | 1:16 | مات. 1:28؛ لۇقا 1:24؛ يـۇھ. 1:20. |
| مار. | 5:16 | مات. 2:28؛ يـۇھ. 12:20. |
| مار. | 6:16 | مات. 5:28؛ لۇقا 5:24. |
| مار. | 7:16 | مات. 32:26؛ 10:28؛ مار. 28:14؛ روس. 3:1؛ 31:13؛ 1كور. 5:15. |
| مار. | 8:16 | مات. 8:28؛ لۇقا 9:24؛ يـۇھ. 18:20. |
| مار. | 9:16 | لۇقا 2:8؛ يـۇھ. 16:20،14. |
| مار. | 12:16 | لۇقا 13:24. |
| مار. | 14:16 | لۇقا 36:24؛ يـۇھ. 19:20؛ 1كور. 5:15. |
| مار. | 15:16 | مات. 19:28؛ يـۇھ. 16:15. |
| مار. | 16:16 | يـۇھ. 18:3؛ 48:12. |
| مار. | 17:16 | لۇقا 17:10؛ روس. 4:2؛ 16:5؛ 7:8؛ 46:10؛ 18:16؛ 12:19،6. |
| مار. | 18:16 | لۇقا 19:10؛ روس. 5:28، 8. |
| مار. | 19:16 | لۇقا 51:24،50؛ روس. 9:1. |
| مار. | 20:16 | روس. 2:1؛ 3:14؛ 1تىم. 16:3؛ ئىبر. 4:2. |

# لۇقا

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 5:1 | 1تار. 10:24. |
| لۇقا | 8:1 | 1تار. 24 |
| لۇقا | 9:1 | مىس. 7:30؛ لاۋ. 17:16. |
| لۇقا | 13:1 | لۇقا 60:1. |
| لۇقا | 14:1 | لۇقا 58:1. |
| لۇقا | 15:1 | چۆل. 8:6ـ1؛ هاك. 4:13. |
| لۇقا | 16:1 | مال. 24:3؛ مات. 14:11. |
| لۇقا | 17:1 | مال. 24:3ـ23؛ مات. 2:3؛ مار. 12:9. |
| لۇقا | 18:1 | يار. 17:17. |
| لۇقا | 25:1 | يار. 23:30؛ يەش. 1:4. |
| لۇقا | 26:1ـ27 | مات. 18:1. |
| لۇقا | 31:1 | يەش. 14:7. |
| لۇقا | 32:1 | 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ يەش. 6:9؛ 5:54. |
| لۇقا | 33:1 | 1تار. 10:22؛ زەب. 6:45؛ 36:89؛ يەر. 5:23؛ دان. 27:7،14؛ مىك. 7:4؛ ئىبر. 8:1. |
| لۇقا | 37:1 | ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ مات. 26:19؛ لۇقا 27:18. |
| لۇقا | 45:1 | لۇقا 28:11. |
| لۇقا | 50:1 | مىس. 6:20. |
| لۇقا | 51:1 | زەب. 10:33؛ يەش. 9:51؛ 10:52؛ 1پېت. 5:5. |
| لۇقا | 52:1 | 1سام. 8:2؛ زەب. 6:113. |
| لۇقا | 53:1 | زەب. 10:34ـ9 |
| لۇقا | 54:1ـ55 | يەش. 18:30؛ 9:41؛ 5:54؛ يەر. 20:31،2؛ يار. 19:17؛ 18:22؛ زەب. 11:132. |
| لۇقا | 58:1 | لۇقا 14:1. |
| لۇقا | 59:1 | يار. 12:17؛ لاۋ. 3:12. |
| لۇقا | 60:1 | لۇقا 13:1 |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 69:1ـ71 | زەب. 17:132؛ زەب. 1ـ14:72؛ يەش. 10:40؛ يەر. 6:23؛ 10:30؛ دان. 27:9. |
| لۇقا | 72:1ـ75 | يار. 16:22؛ زەب. 9:105؛ يەر. 33:31؛ ئىبر. 17:6،13؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 15:1. |
| لۇقا | 76:1 | لۇقا 17:1؛ مال. 23:3. |
| لۇقا | 77:1 | لۇقا 3:3. |
| لۇقا | 78:1ـ79 | يەش. 1:9؛ 7:42؛ 8:43؛ 9:49؛ 1:60. |
| لۇقا | 80:1 | لۇقا 40:2. |
| لۇقا | 4:2 | 1سام. 16؛ مىك. 1:5؛ مات. 1:1؛ يـۇھ. 42:7. |
| لۇقا | 7:2 | مات. 25:1. |
| لۇقا | 13:2 | دان. 10:7؛ ۋەھ. 11:5. |
| لۇقا | 14:2 | يەش. 19:57؛ ئەف. 17:2. |
| لۇقا | 21:2 | يار. 12:17؛ لاۋ. 3:12؛ مات. 21:1؛ لۇقا 31:1؛ يـۇھ. 22:7. |
| لۇقا | 22:2 | لاۋ. 6:12. |
| لۇقا | 23:2 | مىس. 12:13،2؛ چۆل. 13:3؛ 17:8،16. |
| لۇقا | 24:2 | لاۋ. 8:12. |
| لۇقا | 29:2 | يار. 30:46. |
| لۇقا | 30:2 | زەب. 2ـ3:98؛ يەش. 10:52. |
| لۇقا | 31:2 | روس. 28:28. |
| لۇقا | 32:2 | يەش. 6:42؛ 6:49؛ روس. 47:13. |
| لۇقا | 34:2 | يەش. 14:8؛ رىم. 32:9؛ 1پېت. 8:2. |
| لۇقا | 37:2 | 1سام. 22:1. |
| لۇقا | 40:2 | لۇقا 80:1. |
| لۇقا | 41:2 | مىس. 17:23،15؛ لاۋ. 5:23؛ قان. 1:16. |
| لۇقا | 47:2 | مات. 28:7؛ مار. 22:1؛ لۇقا 32:4،22؛ يـۇھ. 15:7. |
| لۇقا | 50:2 | لۇقا 45:9؛ 34:18. |
| لۇقا | 52:2 | 1سام. 26:2؛ لۇقا 80:1. |
| لۇقا | 2:3 | روس. 6:4. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 3:3 | مات. 1:3؛ مار. 1:4. |
| لۇقا | 4:3 | يەش. 40:5-3؛ مات. 3:3؛ مار. 3:1؛ يـۇھ. 23:1. |
| لۇقا | 6:3 | زەب. 98:3-2؛ يەش. 40:5-3؛ 10:52. |
| لۇقا | 7:3 | مات. 7:3؛ 33:23. |
| لۇقا | 8:3 | مات. 9:3؛ يـۇھ. 39:8؛ روس. 26:13. |
| لۇقا | 9:3 | مات. 10:3؛ 19:7. |
| لۇقا | 10:3 | روس. 37:2. |
| لۇقا | 11:3 | ياق. 15:2،13؛ 1يۇھ. 17:3. |
| لۇقا | 16:3 | يەش. 3:44؛ يو. 28:2،27؛ مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 5:1؛ 16:11؛ 4:2؛ 15:11؛ 4:19. |
| لۇقا | 17:3 | مات. 12:3. |
| لۇقا | 19:3 | مات. 3:14؛ مار. 18:6. |
| لۇقا | 21:3 | مات. 13:3؛ مار. 9:1؛ يـۇھ. 32:1. |
| لۇقا | 22:3 | يەش. 1:42؛ مات. 5:17؛ مار. 7:9؛ لۇقا 35:9؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1. |
| لۇقا | 23:3 | مات. 55:13؛ يـۇھ. 42:6. |
| لۇقا | 34:3 | يار. 10:11. |
| لۇقا | 38:3 | يار. 3:5. |
| لۇقا | 1:4 | مات. 1:4؛ مار. 12:1. |
| لۇقا | 2:4 | مس. 28:34؛ 1پاد. 8:19. |
| لۇقا | 4:4 | قان. 3:8؛ مات. 4:4. |
| لۇقا | 8:4 | قان. 13:6؛ 20:10؛ 1سام. 3:7. |
| لۇقا | 11:4 | زەب. 12:91،11. |
| لۇقا | 12:4 | قان. 16:6. |
| لۇقا | 14:4 | مات. 12:4؛ مار. 14:1؛ يـۇھ. 43:4؛ روس. 37:10. |
| لۇقا | 16:4 | نەھ. 4:8، 5؛ مات. 54:13؛ مار. 1:6؛ يـۇھ. 43:4. |
| لۇقا | 18:4-19 | يەش. 7:42؛ 1:61، 2؛ مات. 5:11. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 22:4 | يەش. 4:50؛ مات. 54:13؛ مار. 2:6؛ لۇقا 47:2؛ يـۇھ. 42:6. |
| لۇقا | 23:4 | مات. 13:4. |
| لۇقا | 24:4 | مات. 57:13؛ مار. 4:6؛ يـۇھ. 44:4. |
| لۇقا | 27:4 | 2پاد. 14:5. |
| لۇقا | 31:4 | مات. 13:4؛ مار. 21:1. |
| لۇقا | 32:4 | مات. 29:7؛ مار. 22:1. |
| لۇقا | 33:4 | مار. 23:1. |
| لۇقا | 38:4 | مات. 14:8؛ مار. 29:1. |
| لۇقا | 40:4 | مات. 16:8؛ مار. 32:1؛ 32:7؛ 25:8،23. |
| لۇقا | 41:4 | مار. 34:1؛ 11:3. |
| لۇقا | 42:4 | مار. 35:1. |
| لۇقا | 1:5 | مات. 2:13؛ مار. 1:4. |
| لۇقا | 10:5 | يەر. 16:16؛ ئەز. 9:47؛ مات. 19:4؛ مار. 17:1. |
| لۇقا | 11:5 | مات. 20:4؛ 27:19؛ مار. 28:10؛ لۇقا 28:18. |
| لۇقا | 12:5 | مات. 2:8؛ مار. 40:1. |
| لۇقا | 14:5 | لاۋ. 2:13؛ 2:14؛ مات. 4:8. |
| لۇقا | 18:5 | مات. 1:9؛ مار. 3:2؛ روس. 33:9. |
| لۇقا | 21:5 | زەب. 5:32؛ يەش. 25:43. |
| لۇقا | 27:5 | مات. 9:9؛ مار. 15:2،14. |
| لۇقا | 29:5 | مات. 10:9؛ مار. 15:2؛ لۇقا 1:15. |
| لۇقا | 32:5 | مات. 13:9؛ لۇقا 10:19؛ 1تىم. 15:1. |
| لۇقا | 33:5 | مات. 14:9. |
| لۇقا | 34:5 | يەش. 5:62؛ 2كور. 2:11. |
| لۇقا | 37:5 | مات. 17:9؛ مار. 22:2. |
| لۇقا | 1:6 | قان. 24:23؛ مات. 1:12؛ مار. 23:2. |
| لۇقا | 2:6 | مىس. 10:20. |
| لۇقا | 5:6 | مات. 8:12؛ مار. 28:2. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 6:6 | مات. 9:12؛ مار. 1:3. |
| لۇقا | 10:6 | 1پاد. 6:13. |
| لۇقا | 13:6 | مات. 1:10؛ مار. 13:3؛ 7:6؛ لۇقا 1:9. |
| لۇقا | 17:6 | مات. 25:4؛ مار. 7:3. |
| لۇقا | 19:6 | مار. 30:5. |
| لۇقا | 20:6 | مات. 2:5. |
| لۇقا | 21:6 | يەش. 3:61؛ 13:65؛ 10:66. |
| لۇقا | 22:6 | مات. 11:5؛ 1پېت. 19:2؛ 14:3؛ 14:4. |
| لۇقا | 23:6 | روس. 41:5؛ 51:7. |
| لۇقا | 24:6 | ئام. 1:6، 8. |
| لۇقا | 25:6 | يەش. 13:65؛ ياق. 9:4؛ 1:5. |
| لۇقا | 27:6 | مىس. 4:23؛ پەند. 21:25؛ مات. 44:5؛ رىم. 20:12؛ 1كور. 12:4. |
| لۇقا | 28:6 | لۇقا 34:23؛ روس. 60:7. |
| لۇقا | 29:6 | 1كور. 7:6. |
| لۇقا | 30:6 | قان. 7:15؛ مات. 42:5. |
| لۇقا | 31:6 | مات. 12:7. |
| لۇقا | 32:6 | مات. 46:5. |
| لۇقا | 34:6 | قان. 8:15؛ مات. 42:5. |
| لۇقا | 35:6 | مات. 45:5. |
| لۇقا | 37:6 | مات. 1:7؛ رىم. 1:2؛ 1كور. 5:4. |
| لۇقا | 38:6 | پەند. 22:10؛ 17:19؛ مات. 2:7؛ مار. 24:4. |
| لۇقا | 39:6 | يەش. 19:42؛ مات. 14:15. |
| لۇقا | 40:6 | مات. 24:10؛ يـۇھ. 16:13؛ 20:15. |
| لۇقا | 41:6 | مات. 3:7. |
| لۇقا | 43:6 | مات. 17:7؛ 33:12. |
| لۇقا | 44:6 | مات. 16:7. |
| لۇقا | 45:6 | مات. 35:12. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 46:6 | مال. 6:1؛ مات. 21:7؛ 11:25؛ لۇقا 25:13؛ رىم. 13:2؛ ياق. 22:1. |
| لۇقا | 47:6 | مات. 24:7. |
| لۇقا | 14:7 | روس. 40:9. |
| لۇقا | 16:7 | لۇقا 68:1؛ 19:24؛ يـۇھ. 19:4؛ 14:6؛ 17:9. |
| لۇقا | 18:7 | مات. 2:11. |
| لۇقا | 22:7 | يەش. 18:29؛ 5:35؛ 1:61. |
| لۇقا | 24:7 | مات. 7:11. |
| لۇقا | 27:7 | مىس. 20:23؛ مال. 1:3؛ مار. 2:1. |
| لۇقا | 31:7 | مات. 16:11. |
| لۇقا | 33:7 | مات. 4:3؛ مار. 6:1. |
| لۇقا | 36:7 | مات. 6:26؛ مار. 3:14؛ يـۇھ. 2:11؛ 2:12. |
| لۇقا | 48:7 | مات. 2:9. |
| لۇقا | 49:7 | مات. 3:9. |
| لۇقا | 2:8 | مات. 55،56:27. |
| لۇقا | 4:8 | مات. 3:13؛ مار. 2:4. |
| لۇقا | 9:8 | مات. 10:13؛ مار. 10:4. |
| لۇقا | 10:8 | زەب. 4:25، 9، 14؛ 2:78-1؛ يەش. 10:6-9؛ ئەز. 2:12؛ مات. 25:11؛ 14:13؛ مار. 12:4؛ يـۇھ. 40:12؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11؛ 2كور. 5:3 ،14. |
| لۇقا | 11:8 | مات. 18:13؛ مار. 13:4. |
| لۇقا | 13:8 | مات. 20:13؛ مار. 16:4. |
| لۇقا | 14:8 | مات. 23:19؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18؛ 1تىم. 9:6. |
| لۇقا | 16:8 | مات. 15:5؛ مار. 21:4؛ لۇقا 33:11. |
| لۇقا | 17:8 | ئايۇپ 22:12؛ مات. 26:10؛ مار. 22:4؛ لۇقا 2:12. |
| لۇقا | 18:8 | مات. 12:13؛ 29:25؛ مار. 25:4؛ لۇقا 26:19. |
| لۇقا | 19:8 | مات. 46:12؛ 55:13؛ مار. 31:3. |
| لۇقا | 21:8 | يـۇھ. 14:15؛ 2كور. 16:5. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 22:8 | مات. 23:8؛ مار. 35،36:4. |
| لۇقا | 25:8 | ئايۇپ 12:26؛ زەب. 25:107. |
| لۇقا | 26:8 | مات. 28:8؛ مار. 1:5. |
| لۇقا | 37:8 | روس. 39:16. |
| لۇقا | 38:8 | مار. 18:5. |
| لۇقا | 41:8 | مات. 18:9؛ مار. 22:5. |
| لۇقا | 43:8 | لاۋ. 25:15؛ مات. 20:9؛ مار. 25:5. |
| لۇقا | 49:8 | مار. 35:5. |
| لۇقا | 52:8 | يـۇھ. 11:11. |
| لۇقا | 1:9 | مات. 1:10؛ مار. 13:3؛ 7:6؛ لۇقا 13:6. |
| لۇقا | 2:9 | مات. 7:10. |
| لۇقا | 3:9 | مات. 9:10؛ مار. 8:6؛ لۇقا 35:22. |
| لۇقا | 5:9 | مات. 14:10؛ مار. 11:6؛ لۇقا 11:10؛ روس. 51:13؛ 6:18. |
| لۇقا | 7:9 | مات. 1:14؛ مار. 14:6. |
| لۇقا | 10:9 | مات. 13:14؛ مار. 30،31،32:6. |
| لۇقا | 12:9 | مات. 15:14؛ مار. 35:6؛ يـۇھ. 5:6. |
| لۇقا | 13:9 | مات. 16:14؛ مار. 37:6؛ يـۇھ. 9:6. |
| لۇقا | 16:9 | 1سام. 13:9. |
| لۇقا | 18:9 | مات. 13:16؛ مار. 27:8. |
| لۇقا | 19:9 | مات. 2:14. |
| لۇقا | 22:9 | مات. 21:16؛ 22:17؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 31:18؛ 7:24. |
| لۇقا | 23:9 | مات. 38:10؛ 24:16؛ مار. 34:8؛ لۇقا 27:14. |
| لۇقا | 24:9 | مات. 39:10؛ 25:16؛ مار. 35:8؛ لۇقا 33:17؛ يـۇھ. 25:12. |
| لۇقا | 26:9 | مات. 33:10؛ مار. 38:8؛ لۇقا 9:12؛ 2تىم. 12:2؛ 1يۇھ. 23:2. |
| لۇقا | 27:9 | مات. 28:16؛ مار. 1:9. |
| لۇقا | 28:9 | مات. 1:17؛ مار. 2:9. |
| لۇقا | 35:9 | قان. 19:18؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ روس. 22:3؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 37:9 | مات. 14:17؛ مار. 17:9. |
| لۇقا | 44:9 | مات. 22:17؛ مار. 31:9. |
| لۇقا | 45:9 | لۇقا 50:2؛ 34:18. |
| لۇقا | 46:9 | مات. 1:18؛ مار. 33:9؛ لۇقا 24:22. |
| لۇقا | 48:9 | مات. 5:18؛ 11:23؛ مار. 37:9؛ لۇقا 16:10؛ 11:14؛ 14:18؛ يـۇھ. 20:13. |
| لۇقا | 49:9 | مار. 38:9. |
| لۇقا | 50:9 | مات. 30:12؛ لۇقا 23:11. |
| لۇقا | 51:9 | مار. 19:16؛ روس. 2:1؛ 1تىم. 16:3. |
| لۇقا | 53:9 | يـۇھ. 9:4. |
| لۇقا | 56:9 | يـۇھ. 17:3؛ 47:12. |
| لۇقا | 57:9 | مات. 19:8. |
| لۇقا | 59:9 | مات. 21:8. |
| لۇقا | 60:9 | مات. 22:8. |
| لۇقا | 62:9 | پەند. 11:26؛ فىل. 14:3؛ ئىبر. 5:6؛ 2پېت. 20:2. |
| لۇقا | 2:10 | مات. 37:9؛ يـۇھ. 35:4؛ 2تېس. 1:3. |
| لۇقا | 3:10 | مات. 16:10. |
| لۇقا | 4:10 | 2پاد. 29:4؛ مات. 9:10؛ مار. 8:6؛ لۇقا 3:9؛ 35:22. |
| لۇقا | 5:10 | مات. 12:10؛ مار. 10:6. |
| لۇقا | 7:10 | لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ مات. 10:10؛ 1كور. 4،14:9؛ 27:10؛ 1تىم. 18:5. |
| لۇقا | 10:10 | مات. 14:10؛ مار. 11:6؛ لۇقا 5:9. |
| لۇقا | 11:10 | روس. 51:13؛ 6:18. |
| لۇقا | 16:10 | مات. 40:10؛ مار. 37:9؛ يـۇھ. 20:13. |
| لۇقا | 18:10 | ۋەھ. 8:12، 9. |
| لۇقا | 19:10 | مار. 18:16؛ روس. 5:28. |
| لۇقا | 20:10 | مس. 32:32؛ يەش. 3:4؛ دان. 1:12؛ فىل. 3:4. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 21:10 | ئايۇپ 12:5؛ يەش. 14:29؛ مات. 25:11؛ 1كور. 19:1؛ 7:2، 8؛ 2كور. 14:3. |
| لۇقا | 22:10 | زەب. 8:6ـ5؛ يـۇھ. 18:1؛ 35:3؛ 44:6، 45؛ 2:17؛ 1كور. 27:15؛ فىل. 10:2؛ ئىبر. 8:2. |
| لۇقا | 23:10 | مات. 16:13. |
| لۇقا | 24:10 | 1پېت. 10:1. |
| لۇقا | 27:10 | لاۋ. 18:19؛ قان. 5:6؛ 12:10؛ 6:30؛ رىم. 9:13؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2. |
| لۇقا | 9:11 | مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1، 6؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5. |
| لۇقا | 11:11 | مات. 9:7. |
| لۇقا | 14:11 | مات. 32:9؛ 22:12. |
| لۇقا | 15:11 | مات. 34:9؛ 24:12؛ مار. 22:3. |
| لۇقا | 17:11 | مات. 25:12؛ مار. 24:3. |
| لۇقا | 24:11 | مات. 43:12. |
| لۇقا | 26:11 | يـۇھ. 14:5؛ ئىبر. 4:6، 5؛ 26:10؛ 2پېت. 20:2. |
| لۇقا | 28:11 | مات. 21:7؛ يـۇھ. 29:6؛ رىم. 13:2. |
| لۇقا | 29:11 | يۇن. 1:2،11. |
| لۇقا | 31:11 | 1پاد. 1:10؛ 2تار. 1:9؛ مات. 42:12. |
| لۇقا | 32:11 | يۇن. 5:3. |
| لۇقا | 33:11 | مات. 15:5؛ مار. 24:4؛ لۇقا 16:8. |
| لۇقا | 34:11 | مات. 22:6. |
| لۇقا | 39:11 | مات. 25:23؛ تىت. 15:1. |
| لۇقا | 41:11 | يەش. 7:58؛ دان. 24:4؛ لۇقا 33:12. |
| لۇقا | 42:11 | 1سام. 22:15؛ ھوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 13:9؛ 7:12؛ 23:23. |
| لۇقا | 43:11 | مات. 6:23؛ مار. 38:12؛ لۇقا 46:20. |
| لۇقا | 44:11 | مات. 27:23. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 46:11 | يەش. 1:10؛ مات. 4:23؛ روس. 10:15. |
| لۇقا | 47:11 | مات. 29:23. |
| لۇقا | 49:11 | مات. 16:10؛ لۇقا 3:10؛ يـۇھ. 2:16؛ روس. 51:7؛ ئىبر. 35:11. |
| لۇقا | 50:11-51 | يار. 4:8؛ 2تار. 21:24؛ ئىبر. 4:11. |
| لۇقا | 52:11 | مات. 13:23. |
| لۇقا | 1:12 | مات. 16:16؛ مار. 15:8. |
| لۇقا | 2:12 | ئايۇپ 22:12؛ مات. 26:10؛ مار. 22:4؛ لۇقا 17:8. |
| لۇقا | 4:12 | يەش. 7:51؛ يەر. 8:1؛ مات. 28:10. |
| لۇقا | 6:12 | مات. 29:10. |
| لۇقا | 7:12 | 1سام. 45:14؛ 2سام. 11:14؛ 1پاد. 52:1؛ لۇقا 18:21. |
| لۇقا | 8:12 | مات. 32:10. |
| لۇقا | 9:12 | مات. 33:10؛ مار. 38:8؛ لۇقا 26:9؛ 2تىم. 12:2؛ 1يۇھ. 23:2. |
| لۇقا | 10:12 | 1يۇھ. 16:5. |
| لۇقا | 11:12 | مات. 19:10؛ مار. 11:13؛ لۇقا 14:21. |
| لۇقا | 15:12 | 1تىم. 7:6. |
| لۇقا | 19:12 | توپ. 9:11؛ 1كور. 32:15؛ ياق. 5:5. |
| لۇقا | 20:12 | زەب. 6:39؛ زەب. 7:52؛ توپ. 18:2، 19؛ يەر. 11:17. |
| لۇقا | 22:12 | زەب. 22:55؛ مات. 25:6؛ فىل. 6:4؛ 1تىم. 8:6؛ 1پېت. 7:5. |
| لۇقا | 24:12 | ئايۇپ 41:38؛ زەب. 9:147. |
| لۇقا | 25:12 | مات. 27:6. |
| لۇقا | 31:12 | 1تار. 13:3؛ زەب. 25:37. |
| لۇقا | 33:12 | مات. 20:6؛ 21:19؛ لۇقا 9:16؛ 1تىم. 19:6. |
| لۇقا | 35:12 | ئەف. 14:6؛ 1پېت. 13:1. |
| لۇقا | 38:12 | مات. 42:24. |
| لۇقا | 39:12 | مات. 43:24؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 40:12 | مات. 44:24؛ 13:25؛ مار. 33:13؛ لۇقا 34:21؛ 1تېس. 6:5. |
| لۇقا | 42:12 | مات. 45:24؛ 21:25؛ 1كور. 2:4. |
| لۇقا | 47:12 | ياق. 17:4. |
| لۇقا | 50:12 | مات. 22:20؛ مار. 38:10؛ ئەف. 5:4 |
| لۇقا | 51:12 | مات. 34:10. |
| لۇقا | 53:12 | مك. 6:7 |
| لۇقا | 57:12 | مات. 25ـ26:5 |
| لۇقا | 14:13 | مس. 9:20؛ قان. 13:5؛ ئەز. 12:20. |
| لۇقا | 15:13 | مس. 5:23؛ قان. 4:22؛ لۇقا 5:14. |
| لۇقا | 18:13 | مات. 31:13؛ مار. 30:4. |
| لۇقا | 21ـ20:13 | مات. 33:13. |
| لۇقا | 22:13 | مات. 35:9؛ مار. 6:6. |
| لۇقا | 24:13 | مات. 13:7. |
| لۇقا | 25:13 | مات. 12:25،11؛ لۇقا 46:6. |
| لۇقا | 27:13 | زەب. 8:6؛ مات. 23:7؛ 41:25،12. |
| لۇقا | 28:13 | مات. 11:8، 12؛ 42:13؛ 51:24. |
| لۇقا | 29:13 | يەش. 2:2؛ مال. 11:1؛ مات. 11:8. |
| لۇقا | 30:13 | مات. 30:19؛ 16:20؛ مار. 31:10. |
| لۇقا | 34:13 | زەب. 8:17؛ 4:91؛ مات. 37:23. |
| لۇقا | 35:13 | زەب. 25:69؛ 26:118؛ يەش. 7:1؛ يەر. 34:7؛ مك. 12:3؛ مات. 38:23؛ روس. 20:1. |
| لۇقا | 5:14 | مس. 5:23؛ قان. 4:22؛ لۇقا 15:13. |
| لۇقا | 10:14 | پەند. 6:25، 7. |
| لۇقا | 11:14 | ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 51:1؛ 14:18؛ ياق. 6،10:4؛ 1پېت. 5:5. |
| لۇقا | 12:14 | نەھ. 10:8؛ پەند. 28:3. |
| لۇقا | 16:14 | يەش. 6:25؛ مات. 2:22؛ ۋەھ. 7:19، 9. |
| لۇقا | 26:14 | قان. 7:13؛ 9:33؛ مات. 37:10. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 27:14 | مات. 38:10؛ 24:16؛ مار. 34:8؛ لۇقا 23:9. |
| لۇقا | 34:14 | مات. 13:5؛ مار. 50:9. |
| لۇقا | 1:15 | مات. 10:9؛ مار. 15:2؛ لۇقا 29:5. |
| لۇقا | 7:15 | لۇقا 32:5. |
| لۇقا | 20:15 | روس. 39:2؛ ئەف. 12:2،17. |
| لۇقا | 9:16 | مات. 19:6؛ 21:19؛ 1تىم. 19:6. |
| لۇقا | 13:16 | مات. 24:6. |
| لۇقا | 14:16 | مات. 14:23. |
| لۇقا | 15:16 | 1سام. 7:16؛ زەب. 9:7 |
| لۇقا | 16:16 | مات. 13:11،12. |
| لۇقا | 17:16 | زەب. 27:102ـ25؛ يەش. 8:40؛ 6:51؛ مات. 18:5. |
| لۇقا | 18:16 | مات. 32:5؛ 9:19؛ مار. 11:10؛ 1كور. 10:7. |
| لۇقا | 25:16 | ئايۇپ 13:21. |
| لۇقا | 29:16 | يەش. 20:8؛ 16:34؛ يـۇھ. 39:5؛ روس. 11:17. |
| لۇقا | 1:17 | مات. 7:18؛ مار. 42:9. |
| لۇقا | 3:17 | لاۋ. 17:19؛ پەند. 10:17؛ مات. 15:18؛ ياق. 19:5. |
| لۇقا | 4:17 | مات. 21:18. |
| لۇقا | 6:17 | مات. 20:17؛ 21:21؛ مار. 23:11. |
| لۇقا | 14:17 | لاۋ. 2:13؛ 2:14؛ مات. 4:8؛ لۇقا 14:5. |
| لۇقا | 21:17 | مات. 23:24؛ مار. 21:13؛ لۇقا 7:21، 8. |
| لۇقا | 23:17 | مات. 23:24؛ مار. 21:13. |
| لۇقا | 25:17 | مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 6:24، 7 |
| لۇقا | 26:17 | يار. 2:6؛ 7:7؛ مات. 38:24،37؛ 1پېت. 20:3. |
| لۇقا | 29:17 | يار. 24:19؛ قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 40:50؛ هوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ يەھ. 7. |
| لۇقا | 32:17 | يار. 17:19ـ15، 26. |
| لۇقا | 33:17 | مات. 39:10؛ 25:16؛ مار. 35:8؛ لۇقا 24:9؛ يـۇھ. 25:12. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 34:17 | مات. 41:24،40؛ 1تېس. 17:4. |
| لۇقا | 37:17 | ئايۇپ 30:39؛ مات. 28:24. |
| لۇقا | 1:18 | رىم. 12:12؛ ئەف. 18:6؛ كول. 2:4؛ 1تېس. 17:5. |
| لۇقا | 7:18 | ۋەھ. 10:6. |
| لۇقا | 11:18 | يەش. 15:1؛ 2:58؛ ۋەھ. 18:3،17. |
| لۇقا | 14:18 | ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 11:14؛ ياق. 10:4،6؛ 1پېت. 5:5. |
| لۇقا | 15:18 | مات. 13:19؛ مار. 13:10. |
| لۇقا | 16:18 | مات. 3:18؛ 14:19؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2. |
| لۇقا | 18:18 | مات. 16:19؛ مار. 17:10. |
| لۇقا | 20:18 | مس. 16:20-12؛ قان. 20:5-17؛ رىم. 9:13؛ ئەف. 2:6؛ كول. 20:3. |
| لۇقا | 22:18 | مات. 19:6؛ 21:19؛ 1تىم. 19:6. |
| لۇقا | 24:18 | پەند. 28:11؛ مات. 23:19؛ مار. 23:10. |
| لۇقا | 27:18 | ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ لۇقا 37:1. |
| لۇقا | 28:18 | مات. 20:4؛ 27:19؛ مار. 28:10؛ لۇقا 11:5. |
| لۇقا | 29:18 | قان. 9:33. |
| لۇقا | 30:18 | ئايۇپ 12:42. |
| لۇقا | 31:18 | زەب. 22؛ يەش. 7:53؛ مات. 21:16؛ 22:17؛ 17:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 32:10؛ لۇقا 22:9؛ 7:24. |
| لۇقا | 32:18 | مات. 2:27؛ لۇقا 1:23؛ يۇھ. 28:18؛ روس. 13:3. |
| لۇقا | 35:18 | مات. 29:20؛ مار. 46:10. |
| لۇقا | 9:19 | لۇقا 16:13. |
| لۇقا | 10:19 | مات. 6:10؛ 24:15؛ 11:18؛ روس. 46:13. |
| لۇقا | 12:19 | مات. 14:25؛ مار. 34:13. |
| لۇقا | 22:19 | 2سام. 1:16؛ مات. 37:12. |
| لۇقا | 26:19 | مات. 12:13؛ 29:25؛ مار. 4:25؛ لۇقا 18:8. |
| لۇقا | 29:19 | مات. 1:21؛ مار. 1:11. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 35:19 | يـۇه. 14:12. |
| لۇقا | 37:19-38 | زەب. 26:118؛ لۇقا 14:2؛ ئەف. 14:2. |
| لۇقا | 40:19 | هاب. 11:2. |
| لۇقا | 44:19 | 1پاد. 7:9، 8؛ مىك. 12:3؛ مات. 1:24، 2؛ مار. 2:13؛ لۇقا 6:21. |
| لۇقا | 46:19 | 1پاد. 29:8؛ يەش. 7:56؛ يەر. 11:7؛ مات. 13:21؛ مار. 17:11. |
| لۇقا | 47:19 | مار. 18:11؛ يـۇه. 19:7؛ 37:8. |
| لۇقا | 1:20 | مات. 23:21؛ مار. 27:11؛ روس. 7:4؛ 27:7. |
| لۇقا | 9:20 | زەب. 9:80-8؛ يەش. 1:5؛ يەر. 21:2؛ 10:12؛ مات. 33:21؛ مار. 1:12. |
| لۇقا | 14:20 | يار. 18:37؛ زەب. 1:2، 8؛ مات. 3:26؛ 1:27؛ يـۇه. 53:11؛ ئىبر. 2:1. |
| لۇقا | 17:20 | زەب. 22:118؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛ مات. 42:21؛ مار. 10:12؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 4:2، 7. |
| لۇقا | 18:20 | يەش. 15:8؛ دان. 34:2؛ زەك. 3:12. |
| لۇقا | 20:20 | مات. 16:22؛ مار. 13:12. |
| لۇقا | 25:20 | مات. 25:17؛ 21:22؛ رىم. 7:13. |
| لۇقا | 27:20 | مات. 23:22؛ مار. 18:12؛ روس. 8:23. |
| لۇقا | 28:20 | قان. 6:25-5. |
| لۇقا | 36:20 | 1يۇه. 2:3. |
| لۇقا | 37:20 | مىس. 6:3؛ روس. 32:7؛ ئىبر. 16:11. |
| لۇقا | 41:20 | مات. 42:22؛ مار. 35:12. |
| لۇقا | 42:20-43 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئىبر. 13:1؛ 13:10. |
| لۇقا | 46:20 | مات. 5:23، 6؛ مار. 38:12، 39؛ لۇقا 43:11. |
| لۇقا | 47:20 | مات. 14:23؛ مار. 40:12؛ 2تىم. 6:3؛ تىت. 11:1. |
| لۇقا | 1:21 | 2پاد. 10:12؛ مار. 41:12. |
| لۇقا | 3:21 | 2كور. 12:8. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 5:21 | مات. 1:24؛ مار. 1:13. |
| لۇقا | 6:21 | 1پاد. 7:9؛ مك. 12:3؛ لۇقا 44:19. |
| لۇقا | 8:21 | يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 2تېس. 2:2؛ 1يۇھ. 1:4. |
| لۇقا | 10:21 | يەش. 2:19. |
| لۇقا | 12:21 | مات. 17:10؛ 9:24؛ مار. 9:13؛ يۇھ. 2:16؛ روس. 3:4؛ 18:5؛ 4:12؛ 24:16؛ ۋەھ. 10:2. |
| لۇقا | 14:21 | مات. 19:10؛ مار. 11:13. |
| لۇقا | 15:21 | مس. 12:4؛ يەش. 17:54؛ مات. 19:10؛ روس. 10:6. |
| لۇقا | 16:21 | مك. 6:7؛ روس. 59:7؛ 2:12. |
| لۇقا | 17:21 | مات. 22:10؛ مار. 13:13. |
| لۇقا | 18:21 | 1سام. 45:14؛ 2سام. 11:14؛ 1پاد. 52:1؛ مات. 30:10. |
| لۇقا | 20:21 | دان. 27:9؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13. |
| لۇقا | 22:21 | دان. 27:9،26؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13. |
| لۇقا | 24:21 | رىم. 25:11. |
| لۇقا | 25:21 | يەش. 10:13؛ ئەز. 7:32؛ يو. 4:3؛ 15:3؛ مات. 29:24؛ مار. 24:13؛ ۋەھ. 12:6. |
| لۇقا | 27:21 | دان. 10:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ 31:25؛ 64:26؛ مار. 26:13؛ 62:14؛ روس. 11:1؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1. |
| لۇقا | 28:21 | رىم. 23:8. |
| لۇقا | 29:21 | مات. 32:24؛ مار. 28:13. |
| لۇقا | 33:21 | زەب. 27:102ـ25؛ يەش. 6:51؛ مات. 35:24؛ ئىبر. 11:1. |
| لۇقا | 34:21 | رىم. 13:13؛ 1تېس. 6:5؛ 1پېت. 7:4. |
| لۇقا | 35:21 | 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16. |
| لۇقا | 36:21 | مات. 42:24؛ 13:25؛ مار. 33:13؛ لۇقا 40:12؛ 1تېس. 6:5. |
| لۇقا | 37:21 | يۇھ. 2:8. |
| لۇقا | 1:22 | مس. 15:12؛ مات. 2:26؛ مار. 1:14. |
| لۇقا | 2:22 | زەب. 2:2؛ يۇھ. 47:11؛ روس. 27:4. |

لۇقا 3:22 مات. 14:26؛ مار. 10:14؛ يـۇھ. 27:13.
لۇقا 7:22 مات. 17:26؛ مار. 12،13:14.
لۇقا 14:22 مات. 20:26؛ مار. 17:14.
لۇقا 19:22 مات. 26:26؛ مار. 22:14؛ 1كور. 23،24:11.
لۇقا 21:22 مات. 23:26؛ مار. 18:14؛ يـۇھ. 21:13.
لۇقا 22:22 زەب. 9:41؛ يـۇھ. 18:13؛ روس. 6:1.
لۇقا 25:22 مات. 25:20؛ مار. 42:10.
لۇقا 26:22 لۇقا 48:9؛ 1پېت. 3:5.
لۇقا 27:22 مات. 28:20؛ يـۇھ. 14:13؛ فىل. 7:2.
لۇقا 29:22 لۇقا 32:12.
لۇقا 30:22 مات. 28:19؛ ۋەھ. 21:3.
لۇقا 31:22 1پېت. 8:5.
لۇقا 34:22 مات. 34:26؛ مار. 30:14؛ يـۇھ. 38:13.
لۇقا 35:22 مات. 9:10؛ مار. 8:6؛ لۇقا 3:9.
لۇقا 37:22 يەش. 12:53؛ مار. 28:15.
لۇقا 39:22 مات. 36:26؛ مار. 32:14؛ يـۇھ. 1:8؛ 1:18.
لۇقا 41:22 مات. 39:26؛ مار. 35:14.
لۇقا 44:22 يـۇھ. 27:12؛ ئىبر. 7:5.
لۇقا 47:22 مات. 47:26؛ مار. 43:14؛ يـۇھ. 3:18.
لۇقا 50:22 مات. 51:26؛ مار. 47:14.
لۇقا 52:22 مات. 55:26؛ مار. 48:14.
لۇقا 54:22 مات. 57:26؛ مار. 53:14؛ يـۇھ. 12،24:18.
لۇقا 55:22 مات. 69:26؛ مار. 54،66:14؛ يـۇھ. 16،25:18.
لۇقا 61:22 مات. 34،75:26؛ مار. 72:14؛ يـۇھ. 38:13؛ 27:18.
لۇقا 63:22 ئايۇپ 10:16؛ يەش. 6:50؛ مات. 67:26؛ مار. 6:14؛ يـۇھ. 3:19.
لۇقا 66:22 زەب. 2:2؛ مات. 1:27؛ مار. 1:15؛ يـۇھ. 28:18.

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 69:22 | دان. 9:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ 31:25؛ 64:26؛ مار. 62:14؛ روس. 1:11؛ 1تېس. 1:10؛ ۋەھ. 1:7. |
| لۇقا | 1:23 | مات. 2:27؛ مار. 1:15؛ يـۇھ. 28:18. |
| لۇقا | 2:23 | مات. 25:17؛ 21:22؛ مار. 17:12؛ لۇقا 25:20؛ روس. 7:17؛ رىم. 7:13. |
| لۇقا | 3:23 | مات. 11:27؛ مار. 2:15؛ يـۇھ. 33:18. |
| لۇقا | 7:23 | لۇقا 1:3. |
| لۇقا | 8:23 | لۇقا 7:9. |
| لۇقا | 12:23 | روس. 27:4. |
| لۇقا | 13:23 | مات. 23:27؛ مار. 14:15؛ يـۇھ. 38:18؛ 4:19. |
| لۇقا | 17:23 | مات. 15:27؛ مار. 6:15؛ يـۇھ. 39:18. |
| لۇقا | 18:23 | روس. 14:3. |
| لۇقا | 24:23 | مات. 26:27؛ مار. 15:15؛ يـۇھ. 16:19. |
| لۇقا | 30:23 | يەش. 19:2؛ هوش. 8:10؛ ۋەھ. 16:6؛ 6:9. |
| لۇقا | 31:23 | يەر. 29:25؛ 1پېت. 17:4. |
| لۇقا | 32:23 | يـۇھ. 18:19. |
| لۇقا | 33:23 | مات. 38:27،33؛ مار. 22:15؛ يـۇھ. 18:19. |
| لۇقا | 34:23 | زەب. 18:22؛ مات. 35:27؛ مار. 24:15؛ يـۇھ. 23:19؛ روس. 60:7؛ 1كور. 12:4. |
| لۇقا | 38:23 | مات. 37:27؛ مار. 26:15؛ يـۇھ. 19:19. |
| لۇقا | 44:23 | مات. 45:27؛ مار. 33:15. |
| لۇقا | 45:23 | مات. 51:27؛ مار. 38:15. |
| لۇقا | 46:23 | زەب. 5:31؛ مات. 50:27؛ مار. 37:15؛ يـۇھ. 30:19؛ روس. 59:7. |
| لۇقا | 47:23 | مات. 54:27؛ مار. 39:15. |
| لۇقا | 50:23-51 | مات. 57:27؛ مار. 43:15؛ يـۇھ. 38:19. |
| لۇقا | 53:23 | مات. 40:12؛ 12:26؛ 59:27؛ مار. 46:15؛ يەش.9:53 |
| لۇقا | 55:23 | لۇقا 2:8. |

لۇقا 1:24 مات. 1:28؛ مار. 1:16؛ يـۇھ. 1:20.
لۇقا 7ـ6:24 مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛
لۇقا 22:9؛ 31:18.
لۇقا 8:24 يـۇھ. 22:2.
لۇقا 9:24 مات. 8:28؛ مار. 10:16.
لۇقا 12:24 يـۇھ. 3:20، 6.
لۇقا 13:24 مار. 12:16.
لۇقا 15:24 مات. 20:18؛ لۇقا 36:24.
لۇقا 19:24 لۇقا 16:7؛ يـۇھ. 19:4؛ 14:6.
لۇقا 21:24 روس. 6:1.
لۇقا 22:24 مات. 8:28؛ مار. 10:16؛ يـۇھ. 18:20.
لۇقا 26:24 يەش. 6:50؛ 5:53؛ فىل. 7:2؛ ئىبر. 2:12؛ 1پېت. 11:1.
لۇقا 27:24 يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛
زەب. 11:132؛ يەش. 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛
يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 25:37ـ24؛
دان. 24:9؛ مك. 20:7.
لۇقا 29:24 يار. 3:19؛ روس. 15:16؛ ئىبر. 2:13.
لۇقا 36:24 مار. 14:16؛ يـۇھ. 19:20؛ 1كور. 5:15.
لۇقا 41:24 يـۇھ. 10:21.
لۇقا 44:24 مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛
لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 6:24.
لۇقا 46:24 زەب. 10:16؛ 6:22، 22؛ روس. 3:17.
لۇقا 47:24 روس. 38:13؛ 1يۇھ. 12:2.
لۇقا 49:24 يـۇھ. 26:14؛ 26:15؛ 7:16؛ روس. 4:1.
لۇقا 50:24 روس. 12:1.
لۇقا 51:24 مار. 19:16 روس. 9:1.

# يۇھاننا

يـۇھ. 1:1 پەند. 22:8؛ كول. 17:1؛ 1يۇھ. 1:1، 2.

يـۇھ. 2:1 يـۇھ. 5:17.

يـۇھ. 3:1 يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ ئەف. 9:3؛ كول. 16:1؛ ئىبر. 2:1.

يـۇھ. 4:1 يـۇھ. 26:5؛ 12:8؛ 5:9؛ 46:12؛ 1يۇھ. 5:1؛ 2:11-8؛ 11:5.

يـۇھ. 5:1 يـۇھ. 19:3.

يـۇھ. 6:1 مال. 1:3؛ مات. 1:3؛ مار. 2:1، 4؛ لۇقا 3:3؛ 27:7؛ يـۇھ. 33:1.

يـۇھ. 9:1 يـۇھ. 12:8؛ 5:9؛ 46:12.

يـۇھ. 10:1 ئىبر. 2:1؛ 3:11.

يـۇھ. 12:1 يەش. 5:56؛ رىم. 15:8؛ گال. 26:3؛ 2پېت. 4:1؛ 1يۇھ. 1:3.

يـۇھ. 14:1 يەش. 14:7؛ مات. 16:1؛ 2:17؛ لۇقا 31:1؛ 7:2؛ كول. 19:1؛ 9:2؛ 2پېت. 17:1.

يـۇھ. 15:1 مات. 11:3؛ مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 30:1،26.

يـۇھ. 16:1 كول. 10:2.

يـۇھ. 17:1 مىس. 1:20.

يـۇھ. 18:1 مىس. 20:33؛ قان. 12:4؛ مات. 27:11؛ يـۇھ. 46:6؛ 1تىم. 16:6؛ 1يۇھ. 12:4.

يـۇھ. 19:1 يـۇھ. 33:5.

يـۇھ. 20:1 يـۇھ. 28:3؛ روس. 25:13.

يـۇھ. 23:1 يەش. 3:40؛ مات. 3:3؛ مار. 3:1؛ لۇقا 4:3.

يـۇھ. 24:1-25 قان. 18:18.

يـۇھ. 26:1 مات. 11:3؛ مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ روس. 5:1؛ 16:11؛ 4:19.

يـۇھ. 29:1 يەش. 5:53، 7؛ يـۇھ. 36:1.

يـۇھ. 32:1 مات. 16:3؛ مار. 10:1؛ لۇقا 22:3.

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 36:1 | يەش. 7:53؛ يـۇھ. 29:1؛ روس. 32:8 |
| يـۇھ. | 42:1 | مات. 18:16. |
| يـۇھ. | 44:1 | يـۇھ. 21:12. |
| يـۇھ. | 45:1 | يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 18:18؛ 2سام. 12:7؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40، 11؛ 12:53ـ1؛ يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ دان. 24:9؛ زەك. 12:6؛ 9:9. |
| يـۇھ. | 51:1 | يار. 12:28. |
| يـۇھ. | 14:2 | مات. 12:21؛ مار. 15:11؛ لۇقا 45:19. |
| يـۇھ. | 17:2 | زەب. 9:69 |
| يـۇھ. | 18:2 | مات. 38:12؛ 1:16؛ مار. 11:8؛ لۇقا 29:11؛ يـۇھ. 30:6. |
| يـۇھ. | 19:2 | مات. 61:26؛ 40:27؛ مار. 58:14؛ 29:15. |
| يـۇھ. | 22:2 | لۇقا 8:24. |
| يـۇھ. | 25:2 | 1سام. 7:16؛ 1تار. 9:28؛ زەب. 9:7؛ 14:103؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20؛ يـۇھ. 64:6. |
| يـۇھ. | 2:3 | يـۇھ. 50:7؛ 16:9، 33؛ 39:19؛ روس. 38:10. |
| يـۇھ. | 5:3 | تىت. 5:3. |
| يـۇھ. | 6:3 | رىم. 5:8. |
| يـۇھ. | 11:3 | يـۇھ. 32:3؛ 16:7؛ 28:8؛ 49:12؛ 24:14. |
| يـۇھ. | 13:3 | يـۇھ. 62:6؛ ئەف. 9:4. |
| يـۇھ. | 14:3 | چۆل. 9:21؛ 2پاد. 4:18؛ يـۇھ. 28:8؛ 32:12. |
| يـۇھ. | 15:3 | يـۇھ. 15:3. |
| يـۇھ. | 16:3 | يـۇھ. 36:3؛ لۇقا 10:19؛ رىم. 8:5؛ 31:8؛ 1يۇھ. 9:4؛ 10:5. |
| يـۇھ. | 17:3 | لۇقا 56:9؛ يـۇھ. 39:9؛ 47:12؛ 1يۇھ. 14:4. |
| يـۇھ. | 18:3 | يـۇھ. 24:5؛ 40،47:6؛ 31:20. |
| يـۇھ. | 19:3 | يـۇھ. 5:1. |
| يـۇھ. | 21:3 | ئەف. 13،8:5. |
| يـۇھ. | 22:3 | يـۇھ. 1:4. |
| يـۇھ. | 23:3 | مات. 6:3؛ مار. 1:5؛ لۇقا 7:3. |

يـۇھ. 24:3 مات. 3:14.

يـۇھ. 26:3 مات. 11:3؛ مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 15:1، 26، 34.

يـۇھ. 28:3 مال. 1:3؛ مات. 10:11؛ مار. 2:1؛ لۇقا 17:1؛ 27:7؛
يـۇھ. 20:1، 21، 23.

يـۇھ. 31:3 يـۇھ. 23:8.

يـۇھ. 32:3 يـۇھ. 30:5؛ 26:8؛ 49:12؛ 10:14؛ 1يۇھ. 10:5.

يـۇھ. 33:3 رىم. 4:3.

يـۇھ. 34:3 ئەف. 7:4.

يـۇھ. 35:3 مات. 27:11؛ 18:28؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 22:5؛ 2:17؛
ئىبر. 8:2.

يـۇھ. 36:3 يـۇھ. 36:3؛ 47:6؛ 1يۇھ. 10:5.

يـۇھ. 1:4 يـۇھ. 26:3.

يـۇھ. 5:4 يار. 19:33؛ 22:48؛ يە. 32:24.

يـۇھ. 9:4 لۇقا 52:9، 53؛ يـۇھ. 48:8.

يـۇھ. 11:4 يەر. 13:2.

يـۇھ. 14:4 يـۇھ. 16:3؛ 27:6، 35، 54؛ 38:7.

يـۇھ. 19:4 لۇقا 16:7؛ 19:24؛ يـۇھ. 14:6.

يـۇھ. 20:4 قان. 11:12،5؛ 1پاد. 3:9؛ 2تار. 12:7.

يـۇھ. 22:4 يار. 3:12؛ 18:18؛ 18:22؛ 4:26؛ 2پاد. 29:17؛ ئىبر. 14:7.

يـۇھ. 24:4 2كور. 17:3.

يـۇھ. 26:4 يـۇھ. 37:9.

يـۇھ. 35:4 مات. 37:9؛ لۇقا 2:10.

يـۇھ. 44:4 مات. 57:13؛ مار. 4:6؛ لۇقا 24:4.

يـۇھ. 46:4 يـۇھ. 1،11:2.

يـۇھ. 48:4 1كور. 22:1.

يـۇھ. 1:5 لاۋ. 2:23؛ قان. 1:16.

يـۇھ. 8:5 مات. 6:9؛ مار. 11:2؛ لۇقا 24:5.

يـۇھ. 9:5 يـۇھ. 14:9.

يـۇھ. 10:5 مسس. 10:20؛ قان. 13:5؛ يەر. 21:17؛ مات. 2:12؛
مار. 24:2؛ لۇقا 2:6.

يـۇھ. 14:5 مات. 45:12؛ يـۇھ. 11:8.

يـۇھ. 17:5 يـۇھ. 10:14.

يـۇھ. 18:5 يـۇھ. 19:7.

يـۇھ. 19:5 يەش. 5:54؛ يـۇھ. 30:3؛ 38:8؛ 4:9؛ 30:10؛ 9:14؛ 5:17.

يـۇھ. 20:5 يـۇھ. 2:1؛ 35:3؛ 16:7؛ 28:8؛ 24:14.

يـۇھ. 22:5 مات. 27:11؛ يـۇھ. 35:3.

يـۇھ. 23:5 يـۇھ. 23:2.

يـۇھ. 24:5 لۇقا 43:23؛ يـۇھ. 18:3؛ 40:6، 47؛ 51:8.

يـۇھ. 25:5 ئەف. 1:2، 5؛ 1تىم. 6:5.

يـۇھ. 28:5 1تېس. 16:4.

يـۇھ. 29:5 دان. 2:12؛ مات. 46:25،34.

يـۇھ. 30:5 يـۇھ. 38:6.

يـۇھ. 31:5 يـۇھ. 14:8.

يـۇھ. 32:5 يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17.

يـۇھ. 33:5 يـۇھ. 15:1، 19، 27.

يـۇھ. 36:5 يـۇھ. 25:10؛ 1يۇھ. 9:5.

يـۇھ. 37:5 مسس. 20:33؛ قان. 12:4؛ مات. 17:3؛ 5:17؛
مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ يـۇھ. 33:1؛ 27:6؛ 18:8؛
1تىم. 16:6؛ 2پېت. 17:1؛ 1يۇھ. 12:4.

يـۇھ. 39:5 قان. 18:18؛ يەش. 16:34؛ لۇقا 29:16؛ 27:24؛
يـۇھ. 46:1؛ روس. 11:17.

يـۇھ. 44:5 يـۇھ. 43:12.

يـۇھ. 46:5 يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 14:28؛ قان. 18:18.

يـۇھ. 4:6 مسس. 18:12؛ لاۋ. 5:23، 7؛ چۆل. 16:28؛ قان. 1:16.

يـۇھ. 5:6 مات. 14:14؛ مار. 34:6؛ لۇقا 13:9.

يـۇھ. 11:6 1سام. 13:9.

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 14:6 | لۇقا 16:7؛ 19:24؛ يـۇھ. 19:4. |
| يـۇھ. | 16:6 | مات. 23:14؛ مار. 47:6. |
| يـۇھ. | 21:6 | زەب. 107:30ـ29 |
| يـۇھ. | 27:6 | مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ يـۇھ. 33:1؛ 16:3؛ 14:4؛ 37:5؛ 40:6، 54؛ 18:8؛ 2پېت. 17:1. |
| يـۇھ. | 29:6 | 1يۇھ. 23:3. |
| يـۇھ. | 30:6 | مات. 38:12؛ 1:16؛ مار. 11:8؛ لۇقا 29:11؛ 1كور. 22:1. |
| يـۇھ. | 31:6 | مىس. 4:16، 14؛ چۆل. 7:11؛ نەھ. 15:9؛ زەب. 24:78، 25؛ 1كور. 3:10. |
| يـۇھ. | 35:6 | يەش. 1:55؛ يـۇھ. 14:4؛ 37:7. |
| يـۇھ. | 38:6 | مات. 39:26؛ مار. 36:14؛ لۇقا 42:22؛ يـۇھ. 30:5. |
| يـۇھ. | 39:6 | يـۇھ. 28:10؛ 12:17؛ 9:18. |
| يـۇھ. | 40:6 | يـۇھ. 16:3؛ 14:4؛ 54:6،27. |
| يـۇھ. | 42:6 | مات. 55:13؛ مار. 3:6. |
| يـۇھ. | 44:6 | كۈي. 4:1؛ يـۇھ. 65:6. |
| يـۇھ. | 45:6 | يەش. 13:54؛ يەر. 33:31؛ ئىبر. 10:8؛ 16:10. |
| يـۇھ. | 46:6 | مات. 27:11؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 18:1؛ 29:7؛ 19:8. |
| يـۇھ. | 47:6 | يـۇھ. 36:3،16. |
| يـۇھ. | 49:6 | مىس. 4:16؛ چۆل. 7:11؛ زەب. 24:78 |
| يـۇھ. | 51:6 | يـۇھ. 26:11؛ ئىبر. 5:10، 10. |
| يـۇھ. | 52:6 | يـۇھ. 9:3. |
| يـۇھ. | 54:6 | يـۇھ. 16:3؛ 14:4؛ 40:6،27. |
| يـۇھ. | 58:6 | يـۇھ. 13:3. |
| يـۇھ. | 62:6 | مار. 19:16؛ لۇقا 50:24؛ يـۇھ. 13:3؛ روس. 9:1؛ ئەف. 8:4. |
| يـۇھ. | 63:6 | 2كور. 6:3. |
| يـۇھ. | 64:6 | يـۇھ. 25:2؛ 11:13. |
| يـۇھ. | 65:6 | يـۇھ. 44:6. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 68:6 | روس. 20:5. |
| يـۇھ. | 69:6 | مات. 16:16؛ مار. 29:8؛ لۇقا 20:9؛ يـۇھ. 27:11. |
| يـۇھ. | 70:6 | لۇقا 13:6. |
| يـۇھ. | 2:7 | لاۋ. 34:23. |
| يـۇھ. | 5:7 | مار. 21:3. |
| يـۇھ. | 7:7 | يـۇھ. 19:3؛ 17:14؛ 18:15. |
| يـۇھ. | 8:7 | يـۇھ. 20:8. |
| يـۇھ. | 11:7 | يـۇھ. 56:11. |
| يـۇھ. | 12:7 | مات. 46:21؛ لۇقا 16:7؛ يـۇھ. 14:6؛ 16:9؛ 19:10. |
| يـۇھ. | 13:7 | يـۇھ. 22:9؛ 42:12؛ 38:19. |
| يـۇھ. | 16:7 | يـۇھ. 11:3؛ 28:8؛ 49:12؛ 10:14، 24. |
| يـۇھ. | 19:7 | مس. 1:20؛ 3:24؛ مات. 14:12؛ مار. 6:3؛ يـۇھ. 18:5؛ 39:10؛ 53:11؛ روس. 53:7. |
| يـۇھ. | 20:7 | يـۇھ. 52:8،48؛ 20:10. |
| يـۇھ. | 22:7 | لاۋ. 3:12؛ يار. 10:17. |
| يـۇھ. | 24:7 | قان. 17:1،16؛ پەند. 23:24؛ ياق. 1:2. |
| يـۇھ. | 27:7 | مات. 55:13؛ مار. 3:6؛ لۇقا 22:4. |
| يـۇھ. | 28:7 | يـۇھ. 43:5؛ 26:8، 42؛ رىم. 4:3. |
| يـۇھ. | 29:7 | يـۇھ. 15:10. |
| يـۇھ. | 30:7 | مار. 18:11؛ لۇقا 47:19؛ 19:20؛ يـۇھ. 19:7؛ 20:8، 37. |
| يـۇھ. | 31:7 | يـۇھ. 30:8. |
| يـۇھ. | 33:7 | يـۇھ. 16:16. |
| يـۇھ. | 34:7 | يـۇھ. 21:8؛ 33:13. |
| يـۇھ. | 37:7 | لاۋ. 36:23؛ يەش. 1:55؛ يـۇھ. 35:6؛ ۋەھ. 17:22. |
| يـۇھ. | 38:7 | يەش. 3:12. |
| يـۇھ. | 39:7 | يەش. 3:44؛ يو. 29:2ـ27؛ روس. 17:2. |
| يـۇھ. | 40:7 | مات. 46:21؛ لۇقا 16:7؛ يـۇھ. 14:6. |
| يـۇھ. | 41:7 | يـۇھ. 47:1؛ 42:4. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 42:7 | زەب. 11:132؛ مىك. 1:5؛ مات. 6:2. |
| يـۇھ. | 48:7 | يەش. 18:33؛ يـۇھ. 42:12؛ 1كور. 20:1؛ 8:2. |
| يـۇھ. | 50:7 | يـۇھ. 2:3؛ 39:19. |
| يـۇھ. | 51:7 | مىس. 1:23؛ لاۋ. 15:19؛ قان. 17:1؛ 8:17؛ 15:19. |
| يـۇھ. | 5:8 | لاۋ. 10:20؛ قان. 22:22. |
| يـۇھ. | 7:8 | قان. 7:17. |
| يـۇھ. | 8:8 | يەر. 13:17 |
| يـۇھ. | 11:8 | يـۇھ. 14:5. |
| يـۇھ. | 12:8 | يەش. 16:42؛ يـۇھ. 9:1؛ 5:9؛ 36:12،35. |
| يـۇھ. | 14:8 | يـۇھ. 31:5. |
| يـۇھ. | 17:8 | چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 15:19؛ مات. 16:18؛ 2كور. 1:13؛ ئىبر. 28:10. |
| يـۇھ. | 18:8 | مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ يـۇھ. 33:1؛ 37:5؛ 27:6. |
| يـۇھ. | 19:8 | يـۇھ. 9:14؛ 3:16. |
| يـۇھ. | 20:8 | يـۇھ. 30:7. |
| يـۇھ. | 21:8 | يـۇھ. 34:7؛ 33:13. |
| يـۇھ. | 23:8 | يـۇھ. 31:3. |
| يـۇھ. | 24:8 | يـۇھ. 21:8. |
| يـۇھ. | 26:8 | يـۇھ. 28:7؛ 15:15؛ رىم. 4:3. |
| يـۇھ. | 28:8 | چۆل. 9:21؛ 2پاد. 4:18؛ يـۇھ. 11:3، 14؛ 16:7؛ 49:12،32؛ 10:14. |
| يـۇھ. | 29:8 | يـۇھ. 10:14؛ 32:16. |
| يـۇھ. | 30:8 | يـۇھ. 31:7. |
| يـۇھ. | 32:8 | رىم. 18:6؛ گال. 1:5؛ 1پېت. 16:2. |
| يـۇھ. | 33:8 | مات. 9:3. |
| يـۇھ. | 34:8 | رىم. 20:6؛ 2پېت. 1:2. |
| يـۇھ. | 36:8 | رىم. 2:8. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 38:8 | يـۇھ. 11:3؛ 16:7؛ 49:12؛ 10:14، 24. |
| يـۇھ. | 39:8 | رىم. 28:2؛ 7:9. |
| يـۇھ. | 40:8 | يـۇھ. 17:17. |
| يـۇھ. | 42:8 | يـۇھ. 43:5؛ 29:7. |
| يـۇھ. | 44:8 | يار. 1:3؛ 2كور. 3:11؛ 1يۇھ. 8:3. |
| يـۇھ. | 47:8 | يـۇھ. 37:6؛ 27:10،26؛ 1يۇھ. 6:4. |
| يـۇھ. | 48:8 | يـۇھ. 20:7؛ 20:10. |
| يـۇھ. | 49:8 | يـۇھ. 18:7. |
| يـۇھ. | 51:8 | يـۇھ. 24:5؛ 25:11. |
| يـۇھ. | 53:8 | ئىبر. 13:11. |
| يـۇھ. | 56:8 | يار. 17:17؛ لۇقا 24:10؛ ئىبر. 13:11. |
| يـۇھ. | 59:8 | لۇقا 29:4؛ يـۇھ. 39:10،31؛ 8:11. |
| يـۇھ. | 5:9 | يەش. 6:42؛ لۇقا 32:2؛ يـۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 46:12،35؛ روس. 47:13. |
| يـۇھ. | 6:9 | مار. 23:8. |
| يـۇھ. | 8:9 | روس. 2:3. |
| يـۇھ. | 14:9 | مات. 1:12؛ مار. 23:2؛ لۇقا 1:6؛ يـۇھ. 9:5. |
| يـۇھ. | 16:9 | يـۇھ. 2:3؛ 12:7؛ 33:9؛ 19:10. |
| يـۇھ. | 17:9 | لۇقا 16:7؛ 19:24؛ يـۇھ. 19:4؛ 14:6. |
| يـۇھ. | 22:9 | يـۇھ. 13:7؛ 42:12. |
| يـۇھ. | 24:9 | يە. 19:7. |
| يـۇھ. | 31:9 | زەب. 18:66؛ پەند. 29:15؛ 9:28؛ يەش. 15:1؛ مك. 4:3. |
| يـۇھ. | 39:9 | يـۇھ. 17:3؛ 47:12. |
| يـۇھ. | 9:10 | يـۇھ. 6:14. |
| يـۇھ. | 11:10 | يەش. 11:40؛ ئەز. 11:34، 12، 15، 22، 23؛ مك. 14:1؛ ئىبر. 20:13؛ 1پېت. 4:5. |
| يـۇھ. | 12:10 | زەك. 16:11. |
| يـۇھ. | 14:10-15 | 2تىم. 19:2؛ مات. 27:11؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 46:6؛ 29:7. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 16:10 | ئەز. 22:37. |
| يـۇھ. | 17:10 | يەش. 12:53. |
| يـۇھ. | 18:10 | يـۇھ. 19:2. |
| يـۇھ. | 19:10 | يـۇھ. 12:7؛ 16:9. |
| يـۇھ. | 20:10 | يـۇھ. 20:7؛ 48:8، 52. |
| يـۇھ. | 21:10 | مىس. 11:4؛ زەب. 9:94؛ 8:146 |
| يـۇھ. | 23:10 | 1پاد. 3:6؛ روس. 11:3؛ 12:5. |
| يـۇھ. | 25:10 | يـۇھ. 36:5. |
| يـۇھ. | 27:10 | يـۇھ. 47:8. |
| يـۇھ. | 28:10 | يـۇھ. 39:6؛ 12:17؛ 9:18. |
| يـۇھ. | 30:10 | يەش. 5:54؛ يـۇھ. 19:5؛ 9:14؛ 5:17. |
| يـۇھ. | 31:10 | يـۇھ. 59:8؛ 8:11. |
| يـۇھ. | 33:10 | يـۇھ. 18:5. |
| يـۇھ. | 34:10 | زەب. 6:82 |
| يـۇھ. | 36:10 | يـۇھ. 1:5؛ 27:6. |
| يـۇھ. | 37:10 | يـۇھ. 24:15. |
| يـۇھ. | 38:10 | يـۇھ. 11:14؛ 21:17. |
| يـۇھ. | 39:10 | لۇقا 29:4؛ يـۇھ. 59:8. |
| يـۇھ. | 40:10 | يـۇھ. 28:1؛ 23:3. |
| يـۇھ. | 2:11 | مات. 6:26؛ مار. 3:14؛ لۇقا 37:7؛ يـۇھ. 3:12. |
| يـۇھ. | 4:11 | يـۇھ. 3:9؛ 40:11. |
| يـۇھ. | 8:11 | يـۇھ. 59:8؛ 31:10. |
| يـۇھ. | 11:11 | مات. 24:9؛ مار. 39:5؛ لۇقا 52:8. |
| يـۇھ. | 24:11 | دان. 2:12؛ لۇقا 14:14؛ يـۇھ. 29:5. |
| يـۇھ. | 25:11 | يـۇھ. 4:1؛ 16:3، 36؛ 24:5؛ 47:6؛ 6:14؛ 1يۇھ. 10:5. |
| يـۇھ. | 26:11 | يـۇھ. 51:6. |
| يـۇھ. | 27:11 | مات. 16:16؛ مار. 29:8؛ لۇقا 20:9؛ يـۇھ. 69:6. |
| يـۇھ. | 35:11 | لۇقا 41:19. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 42:11 | يـۇھ. 30:12. |
| يـۇھ. | 44:11 | يـۇھ. 7:20. |
| يـۇھ. | 47:11 | زەب. 2:2؛ مات. 3:26؛ مار. 1:14؛ لۇقا 2:22؛ روس. 27:4. |
| يـۇھ. | 50:11 | يـۇھ. 14:18. |
| يـۇھ. | 51:11ـ52 | ئەف. 14:2، 15، 16. |
| يـۇھ. | 56:11 | يـۇھ. 11:7. |
| يـۇھ. | 1:12 | مات. 6:26؛ مار. 3:14؛ لۇقا 37:7؛ يـۇھ. 2:11 |
| يـۇھ. | 5:12 | مار. 5:14. |
| يـۇھ. | 6:12 | يـۇھ. 29:13. |
| يـۇھ. | 7:12 | مار. 8:14. |
| يـۇھ. | 8:12 | قان. 11:15؛ مات. 11:26؛ مار. 7:14. |
| يـۇھ. | 9:12 | يـۇھ. 44:11. |
| يـۇھ. | 12:12 | مات. 8:21؛ مار. 8:11؛ لۇقا 36:19 |
| يـۇھ. | 13:12 | زەب. 25:118، 26. |
| يـۇھ. | 15:12 | يەش. 11:62؛ زەك. 9:9؛ مات. 5:21. |
| يـۇھ. | 19:12 | يـۇھ. 47:11. |
| يـۇھ. | 20:12 | روس. 27:8. |
| يـۇھ. | 21:12 | يـۇھ. 45:1. |
| يـۇھ. | 23:12 | يـۇھ. 32:13؛ 1:17. |
| يـۇھ. | 24:12 | 1كور. 36:15. |
| يـۇھ. | 25:12 | مات. 39:10؛ 25:16؛ مار. 35:8؛ لۇقا 24:9؛ 33:17. |
| يـۇھ. | 26:12 | يـۇھ. 3:14؛ 24:17. |
| يـۇھ. | 27:12 | مات. 39:26،38،37؛ مار. 34:14؛ لۇقا 44:22. |
| يـۇھ. | 30:12 | يـۇھ. 42:11. |
| يـۇھ. | 31:12 | يـۇھ. 30:14؛ 11:16؛ كول. 15:2. |
| يـۇھ. | 32:12 | چۆل. 9:21؛ 2پاد. 4:18؛ يـۇھ. 14:3؛ 28:8. |

يـۇھ. 34:12 2سام. 16:7؛ 1تار. 10:22؛ زەب. 7:45ـ6؛ 36:89؛ 4:110؛
يەش. 5:9؛ يەر. 6:23؛ ئەز. 26:37؛ دان. 44:2؛ 14:7، 27؛
مك. 7:4؛ ئىبر. 8:1.

يـۇھ. 35:12 يەر. 16:13؛ يـۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 5:9؛ 46:12؛
ئەف. 8:5؛ 1تېس. 4:5

يـۇھ. 38:12 يەش. 1:53؛ رىم. 16:10.

يـۇھ. 39:12ـ40 يەش. 9:6، 10؛ ئەز. 2:12؛ مات. 14:13؛ مار. 12:4؛
لۇقا 10:8؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11

يـۇھ. 41:12 يەش. 1:6.

يـۇھ. 42:12 يـۇھ. 13:7؛ 22:9.

يـۇھ. 43:12 يـۇھ. 44:5.

يـۇھ. 45:12 يـۇھ. 30:10؛ 9:14.

يـۇھ. 46:12 يەش. 6:42؛ 6:49؛ يـۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 5:9؛ 46:12؛
روس. 47:13.

يـۇھ. 47:12 يـۇھ. 17:3؛ 39:9.

يـۇھ. 48:12 مار. 16:16؛ يـۇھ. 18:3؛ 24:8.

يـۇھ. 49:12 قان. 18:18؛ يـۇھ. 11:3؛ 20:5؛ 16:7؛ 28:8؛ 10:14، 24؛ 13:16.

يـۇھ. 1:13 مات. 2:26؛ مار. 1:14؛ لۇقا 1:22.

يـۇھ. 2:13 لۇقا 3:22؛ يـۇھ. 2:13.

يـۇھ. 3:13 مات. 27:11؛ 18:28؛ يـۇھ. 35:3.

يـۇھ. 6:13 مات. 14:3.

يـۇھ. 10:13 يـۇھ. 3:15.

يـۇھ. 11:13 يـۇھ. 64:6.

يـۇھ. 13:13 مات. 10:23،8؛ 1كور. 6:8؛ 3:12؛ فىل. 11:2.

يـۇھ. 14:13 گال. 1:6، 2.

يـۇھ. 15:13 1پېت. 21:2؛ 1يۇھ. 6:2.

يـۇھ. 16:13 مات. 24:10؛ لۇقا 40:6؛ يـۇھ. 20:15.

يـۇھ. 18:13 زەب. 9:41؛ مات. 23:26؛ 1يۇھ. 19:2

يـۇھ. 19:13 يـۇھ. 29:14؛ 4:16.

يـۇھ. 20:13 مات. 40:10؛ لۇقا 16:10.

يـۇھ. 21:13 مات. 21:26؛ مار. 18:14؛ لۇقا 21:22؛ روس. 17:1؛
1يۇھ. 19:2.

يـۇھ. 23:13 يـۇھ. 2:20؛ 7،20:21.

يـۇھ. 29:13 يـۇھ. 6:12.

يـۇھ. 32:13 يـۇھ. 23:12؛ 1:17.

يـۇھ. 33:13 يـۇھ. 34:7؛ 21:8.

يـۇھ. 34:13 لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يـۇھ. 12:15؛ ئەف. 2:5؛
1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4.

يـۇھ. 35:13 1يۇھ. 5:2؛ 20:4.

يـۇھ. 36:13 يـۇھ. 18:21؛ 2پېت. 14:1

يـۇھ. 37:13 مات. 33:26؛ مار. 29:14؛ لۇقا 33:22.

يـۇھ. 38:13 مات. 34:26؛ مار. 30:14؛ لۇقا 34:22.

يـۇھ. 3:14 يـۇھ. 26:12؛ 24:17.

يـۇھ. 6:14 يـۇھ. 4:1، 17؛ 9:10؛ 25:11؛ ئىبر. 8:9.

يـۇھ. 9:14 يـۇھ. 30:10.

يـۇھ. 10:14 يـۇھ. 17:5؛ 16:7؛ 28:8؛ 38:10؛ 49:12؛ 13:16؛ 21:17.

يـۇھ. 12:14 مات. 21:21؛ لۇقا 6:17؛ روس. 12:5؛ 11:19.

يـۇھ. 13:14 يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛
يـۇھ. 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3.

يـۇھ. 15:14 يـۇھ. 21:14، 23؛ 10:15؛ 1يۇھ. 3:5.

يـۇھ. 18:14 مات. 20:28.

يـۇھ. 24:14 يـۇھ. 16:7؛ 28:8؛ 49:12؛ 10:14؛ 13:16.

يـۇھ. 26:14 لۇقا 49:24؛ يـۇھ. 26:15؛ 7:16، 13؛ روس. 4:2.

يـۇھ. 27:14 فىل. 7:4.

يـۇھ. 28:14 يـۇھ. 3:14.

يـۇھ. 29:14 يـۇھ. 19:13؛ 4:16.

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 30:14 | يـۇھ. 31:12؛ 11:16؛ ئەف. 2:2. |
| يـۇھ. | 31:14 | يـۇھ. 18:10؛ ئىبر. 5:10. |
| يـۇھ. | 2:15 | مات. 13:15. |
| يـۇھ. | 3:15 | يـۇھ. 10:13. |
| يـۇھ. | 6:15 | ئەز. 8:15ـ2؛ مات. 10:3؛ 19:7؛ كول. 23:1. |
| يـۇھ. | 7:15 | يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5. |
| يـۇھ. | 10:15 | يـۇھ. 15:14، 21، 23؛ 1يۇھ. 3:5. |
| يـۇھ. | 12:15 | لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يـۇھ. 34:13؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4. |
| يـۇھ. | 13:15 | رىم. 7:5؛ ئەف. 2:5؛ 1يۇھ. 16:3. |
| يـۇھ. | 14:15 | مات. 50:12؛ 2كور. 16:5؛ گال. 6:5؛ 15:6؛ كول. 11:3. |
| يـۇھ. | 15:15 | يـۇھ. 26:8. |
| يـۇھ. | 16:15 | مات. 19:28؛ مار. 15:16؛ يـۇھ. 18:13؛ ئەف. 4:1؛ كول. 6:1. |
| يـۇھ. | 18:15 | 1يۇھ. 13:3. |
| يـۇھ. | 19:15 | يـۇھ. 14:17؛ گال. 10:1. |
| يـۇھ. | 20:15 | مات. 24:10؛ 9:24؛ لۇقا 40:6؛ يـۇھ. 16:13؛ 2:16. |
| يـۇھ. | 21:15 | مات. 22:10؛ يـۇھ. 3:16. |
| يـۇھ. | 22:15 | رىم. 15:4؛ 20:5. |
| يـۇھ. | 24:15 | يـۇھ. 37:10. |
| يـۇھ. | 25:15 | زەب. 19:35؛ 4:69 |
| يـۇھ. | 26:15 | لۇقا 49:24؛ يـۇھ. 26:14؛ 7:16؛ روس. 32:5. |
| يـۇھ. | 27:15 | روس. 8:1، 21؛ 32:5. |
| يـۇھ. | 2:16 | يـۇھ. 22:9، 34؛ 42:12. |
| يـۇھ. | 3:16 | يـۇھ. 21:15؛ 1كور. 8:2. |
| يـۇھ. | 4:16 | يـۇھ. 19:13؛ 29:14. |
| يـۇھ. | 7:16 | لۇقا 49:24؛ يـۇھ. 26:14؛ 26:15. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 11:16 | يـۇھ. 31:12؛ 30:14؛ ئەف. 2:2؛ كول. 15:2. |
| يـۇھ. | 13:16 | يـۇھ. 49:12؛ 26:14 |
| يـۇھ. | 15:16 | يـۇھ. 10:17. |
| يـۇھ. | 16:16 | يـۇھ. 33:7. |
| يـۇھ. | 21:16 | يەش. 17:26. |
| يـۇھ. | 23:16 | يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 7:15؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5. |
| يـۇھ. | 27:16 | يـۇھ. 8:17. |
| يـۇھ. | 28:16 | يـۇھ. 3:13. |
| يـۇھ. | 30:16 | يـۇھ. 17:21. |
| يـۇھ. | 32:16 | زەك. 7:13؛ مات. 31:26؛ مار. 27:14؛ يـۇھ. 29:8؛ 10:14. |
| يـۇھ. | 33:16 | يەش. 5:9؛ يـۇھ. 27:14؛ رىم. 1:5؛ ئەف. 13:2؛ كول. 20:1. |
| يـۇھ. | 1:17 | يـۇھ. 23:12؛ 32:13. |
| يـۇھ. | 2:17 | زەب. 6:8؛ مات. 27:11؛ 18:28؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 35:3؛ 27:5؛ 1كور. 25:15؛ فىل. 10:2؛ ئىبر. 8:2. |
| يـۇھ. | 3:17 | يەش. 11:53؛ يەر. 22:9 |
| يـۇھ. | 4:17 | يـۇھ. 34:4؛ 32:13؛ 13:14؛ 30:19. |
| يـۇھ. | 5:17 | يـۇھ. 1:1، 2؛ 30:10؛ 9:14. |
| يـۇھ. | 8:17 | يـۇھ. 27:16. |
| يـۇھ. | 10:17 | يـۇھ. 15:16. |
| يـۇھ. | 12:17 | يەش. 18:8؛ يـۇھ. 39:6؛ 28:10؛ 9:18؛ ئىبر. 13:2. |
| يـۇھ. | 14:17 | يـۇھ. 19:15. |
| يـۇھ. | 17:17 | زەب. 142:119؛ يـۇھ. 4:8. |
| يـۇھ. | 18:17 | يـۇھ. 21:20. |
| يـۇھ. | 19:17 | 1كور. 1:30،2؛ 1تېس. 7:4. |
| يـۇھ. | 21:17 | يـۇھ. 38:10؛ 11:14؛ گال. 28:3. |
| يـۇھ. | 24:17 | يـۇھ. 26:12؛ 3:14. |
| يـۇھ. | 25:17 | يـۇھ. 21:15؛ 3:16، 27؛ 8:17. |

يـۇھ. 1:18 2سام. 23:15؛ مات. 36:26؛ مار. 32:14؛ لۇقا 39:22.
يـۇھ. 3:18 مات. 47:26؛ مار. 43:14؛ لۇقا 47:22.
يـۇھ. 9:18 يـۇھ. 39:6؛ 28:10؛ 12:17.
يـۇھ. 10:18 مات. 51:26؛ مار. 47:14؛ لۇقا 50:22.
يـۇھ. 11:18 مات. 22:20؛ 39:26.
يـۇھ. 13:18 مات. 57:26؛ مار. 53:14؛ لۇقا 2:3؛ 54:22.
يـۇھ. 14:18 يـۇھ. 50:11.
يـۇھ. 15:18 مات. 58:26؛ مار. 54:14؛ لۇقا 54:22.
يـۇھ. 18:18 مات. 69:26؛ مار. 67:14؛ لۇقا 55:22.
يـۇھ. 20:18 يـۇھ. 26:7.
يـۇھ. 22:18 يەر. 2:20؛ روس. 2:23.
يـۇھ. 24:18 مات. 57:26؛ مار. 53:14؛ لۇقا 54:22.
يـۇھ. 25:18 مات. 71:26؛ مار. 69:14؛ لۇقا 58:22.
يـۇھ. 27:18 يـۇھ. 38:13.
يـۇھ. 28:18 مات. 1:27؛ مار. 1:15؛ لۇقا 66:22؛ 1:23.
يـۇھ. 32:18 مات. 19:20؛ يـۇھ. 32:12.
يـۇھ. 33:18 مات. 11:27؛ مار. 2:15؛ لۇقا 3:23.
يـۇھ. 36:18 يـۇھ. 15:6؛ 1تىم. 13:6.
يـۇھ. 38:18 مات. 24:27؛ لۇقا 4:23.
يـۇھ. 39:18 مات. 15:27؛ مار. 6:15؛ لۇقا 17:23.
يـۇھ. 40:18 مات. 16:27؛ مار. 7:15؛ لۇقا 19:23؛ روس. 1:3.
يـۇھ. 1:19 مات. 26:27؛ مار. 15:15.
يـۇھ. 7:19 لاۋ. 16:24؛ يـۇھ. 18:5؛ 3:10.
يـۇھ. 12:19 روس. 7:17.
يـۇھ. 15:19 يار. 10:49.
يـۇھ. 16:19-17 مات. 26:27؛ مار. 22:15؛ لۇقا 24:23، 25؛
مات. 31:27، 33؛ مار. 22:15؛ لۇقا 26:23، 33.
يـۇھ. 19:19 مات. 37:27؛ مار. 26:15؛ لۇقا 38:23.

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 23:19 | مات. 35:27؛ مار. 24:15؛ لۇقا 34:23. |
| يـۇھ. | 24:19 | زەب. 18:22 |
| يـۇھ. | 25:19 | مات. 55:27؛ مار. 40:15؛ لۇقا 49:23. |
| يـۇھ. | 28:19 | زەب. 15:22؛ 21:69 |
| يـۇھ. | 36:19-37 | مىس. 46:12؛ چۆل. 12:9؛ زەب. 20:34؛ زەك. 10:12. |
| يـۇھ. | 38:19 | مات. 57:27؛ مار. 42:15؛ لۇقا 50:23؛ يـۇھ. 42:12. |
| يـۇھ. | 39:19 | يـۇھ. 1:3؛ 50:7. |
| يـۇھ. | 1:20 | مات. 1:28؛ مار. 1:16؛ لۇقا 1:24. |
| يـۇھ. | 2:20 | يـۇھ. 23:13؛ 20:21،7. |
| يـۇھ. | 3:20 | لۇقا 12:24. |
| يـۇھ. | 5:20 | يـۇھ. 40:19. |
| يـۇھ. | 7:20 | يـۇھ. 44:11. |
| يـۇھ. | 9:20 | زەب. 10:16؛ روس. 31:2،25؛ 35:13. |
| يـۇھ. | 11:20 | مات. 1:28؛ مار. 5:16؛ لۇقا 4:24. |
| يـۇھ. | 14:20 | مات. 9:28؛ مار. 9:16. |
| يـۇھ. | 17:20 | زەب. 22:22؛ مات. 10:28؛ يـۇھ. 2:16؛ ئىبر. 11:2. |
| يـۇھ. | 18:20 | مات. 8:28؛ مار. 10:16؛ لۇقا 9:24. |
| يـۇھ. | 19:20 | مار. 14:16؛ لۇقا 36:24؛ 1كور. 5:15. |
| يـۇھ. | 20:20 | يـۇھ. 22:16. |
| يـۇھ. | 21:20 | يەش. 1:61؛ مات. 19:28؛ مار. 15:16؛ لۇقا 18:4؛ يـۇھ. 18:17. |
| يـۇھ. | 23:20 | مات. 19:16؛ 18:18. |
| يـۇھ. | 27:20 | 1يۇھ. 1:1. |
| يـۇھ. | 29:20 | 1پېت. 8:1. |
| يـۇھ. | 30:20 | يـۇھ. 25:21. |
| يـۇھ. | 2:21 | مات. 21:4؛ مار. 19:1؛ يـۇھ. 46:1. |
| يـۇھ. | 6:21 | لۇقا 4:5، 6، 7. |
| يـۇھ. | 7:21 | يـۇھ. 23:13؛ 2:20. |

يـۇھ. 10:21 لۇقا 41:24.
يـۇھ. 17:21 يـۇھ. 30:16.
يـۇھ. 18:21 يـۇھ. 36:13؛ روس. 3:12؛ 2پېت. 14:1.
يـۇھ. 19:21 2پېت. 14:1.
يـۇھ. 20:21 يـۇھ. 23:13؛ 2:20؛ 7:21.
يـۇھ. 24:21 يـۇھ. 35:19.
يـۇھ. 25:21 يـۇھ. 30:20.

# روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى

روس. 1:1-2 لۇقا 1:3-1؛ مار. 19:16؛ لۇقا 51:9؛ يـۇھ. 21:20؛ ئەف. 17:2؛ 1تىم. 16:3.
روس. 3:1 مار. 14:16؛ يـۇھ. 19:20؛ 1:21؛ 1كور. 5:15.
روس. 4:1 لۇقا 48:24، 49؛ يـۇھ. 26:14؛ 26:15؛ 7:16.
روس. 5:1 يەش. 3:44؛ يو. 29:2-27؛ مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 4:2؛ 15:11، 16؛ 4:19.
روس. 6:1 مات. 3:24.
روس. 7:1 مات. 36:24.
روس. 8:1 يەش. 3:2؛ لۇقا 48:24؛ يـۇھ. 27:15؛ روس. 32:2،4؛ ئەز.23:11؛ زەك.14:4.
روس. 9:1 مار. 19:16؛ لۇقا 51:24.
روس. 10:1 مات. 3:28.
روس. 11:1 دان. 13:7؛ زەك.4:14؛ مات. 30:24؛ مار. 26:13؛ لۇقا 27:21؛ 1تېس. 10:1؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.
روس. 14:1 مات. 55:13.
روس. 16:1 زەب. 9:41؛ مات. 23:26، 47؛ مار. 43:14؛ يـۇھ. 18:13؛ 3:18.

روس. 17:1 مات. 4:10؛ مار. 19:3؛ لۇقا 16:6.
روس. 18:1 2سام. 23:17؛ مات. 5:27.
روس. 19:1 مات. 8:27.
روس. 20:1 زەب. 25:69؛ 8:109
روس. 22-21:1 روس. 3:6.
روس. 23:1 روس. 6:6.
روس. 25-24:1 1سام. 17:16؛ 1تار. 9:28؛ 17:29؛ زەب. 9:7؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20؛ روس. 8:15؛ ۋەھ. 23:2.
روس. 1:2 لاۋ. 15:23؛ قان. 9:16؛ روس. 14:1.
روس. 4:2 مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ 17:16؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:14؛ 26:15؛ 13:16؛ روس. 46:10؛ 15:11؛ 6:19.
روس. 17:2 يەش. 3:44؛ ئەز. 19:11؛ 27:36؛ يو. 29:2-27؛ زەك. 10:12؛ لۇقا 36:2؛ يـۇھ. 3:7؛ روس. 45:10؛ 9:21.
روس. 20:2 يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش .10:13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ ۋەھ. 13:6-12.
روس. 21:2 يو. 32:2-30؛ رىم. 13:10.
روس. 23:2 روس. 28:4؛ 30:5.
روس. 24:2 روس. 40:10.
روس. 25:2 زەب. 11:16-8
روس. 28:2 زەب. 11:16-8
روس. 29:2 1پاد. 10:2؛ روس. 36:13.
روس. 30:2 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ لۇقا 32:1؛ روس. 23:13؛ رىم. 3:1؛ 2تىم. 8:2.
روس. 31:2 زەب. 10:16؛ روس. 35:13.
روس. 32:2 يـۇھ. 27:15؛ روس. 8:1.
روس. 33:2 روس. 4:1؛ 31:5؛ 45:10؛ فىل. 9:2.
روس. 35-34:2 زەب. 1:110؛ 1كور. 25:15؛ ئەف. 20:1؛ ئىبر. 13:1.
روس. 37:2 زەك. 10:12؛ لۇقا 10:3؛ روس. 6:9؛ 30:16.

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 39:2 | يو. 32:2ـ30؛ ئەف. 13:2. |
| روس. | 43:2 | مار. 17:16؛ روس. 12:5. |
| روس. | 44:2 | قان. 4:15؛ روس. 32:4. |
| روس. | 45:2 | يەش. 7:58؛ روس. 35:4. |
| روس. | 47:2 | روس. 14:5؛ 21:11. |
| روس. | 2:3 | يـۇھ. 8:9؛ روس. 8:14. |
| روس. | 6:3 | روس. 10:4. |
| روس. | 13:3 | مس. 15:3،6؛ مات. 20:27؛ مار. 11:15؛ لۇقا 18:23؛ يـۇھ. 40:18. |
| روس. | 14:3 | لۇقا 18:23. |
| روس. | 15:3 | روس. 8:1؛ 32:2. |
| روس. | 18:3 | يەش. 6:50؛ 5:53؛ لۇقا 27:24. |
| روس. | 19:3 | روس. 38:2. |
| روس. | 22:3 | قان. 16:18ـ15، 19؛ يـۇھ. 46:1؛ روس. 37:7. |
| روس. | 25:3 | يار. 18:22؛ گال. 8:3. |
| روس. | 7:4 | مس. 14:2؛ مات. 23:21؛ روس. 27:7. |
| روس. | 11:4 | زەب. 22:118؛ يەش. 16:28؛ مات. 42:21؛ مار. 10:12؛ لۇقا 17:20؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 7:2. |
| روس. | 12:4 | مات. 21:1؛ روس. 43:10؛ 1تىم. 5:2. |
| روس. | 16:4 | يـۇھ. 47:11. |
| روس. | 19:4 | روس. 29:5. |
| روس. | 21:4 | روس. 7:3، 8؛ 26:5. |
| روس. | 23:4 | روس. 12:12. |
| روس. | 24:4 | مس. 11:20 |
| روس. | 25:4 | زەب. 1:2. |
| روس. | 26:4 | زەب. 1:2، 2. |
| روس. | 27:4 | مات. 3:26؛ مار. 1:14؛ لۇقا 2:22؛ يـۇھ. 47:11. |
| روس. | 30:4 | مار. 17:16. |

روس. 31:4 روس. 26:16.
روس. 32:4 روس. 44:2؛ 1پېت. 8:3.
روس. 35:4 يەش. 7:58.
روس. 12:5 مار. 17:16؛ روس. 43:2.
روس. 16:5 مار. 17:16؛ روس. 7:8؛ 18:16؛ 12:19.
روس. 19:5 روس. 7:12؛ 26:16.
روس. 26:5 مات. 26:21؛ روس. 21:4.
روس. 28:5 روس. 18:4.
روس. 29:5 روس. 19:4.
روس. 30:5 قان. 23:21؛ روس. 15:3؛ 39:10؛ 29:13؛ 1پېت. 24:2.
روس. 31:5 روس. 33:2؛ 15:3؛ فىل. 9:2.
روس. 32:5 يۇھ. 27:15؛ روس. 4:2.
روس. 36:5 روس. 38:21.
روس. 38:5 پەند. 30:21؛ يەش. 10:8؛ مات. 13:15.
روس. 39:5 روس. 5:9؛ 9:23.
روس. 41:5 مات. 12:5.
روس. 2:6 مىس. 17:18.
روس. 3:6 قان. 13:1؛ روس. 21:1؛ 2:16؛ 1تىم. 7:3.
روس. 5:6 روس. 24:11؛ 8:21.
روس. 6:6 روس. 23:1؛ 17:8؛ 3:13؛ 1تىم. 14:4؛ 22:5؛ 2تىم. 6:1.
روس. 7:6 روس. 20:19.
روس. 10:6 مىس. 12:4؛ يەش. 17:54؛ لۇقا 15:21.
روس. 11:6 مات. 59:26.
روس. 3:7 يار. 1:12.
روس. 5:7 يار. 7:12؛ 15:13.
روس. 6:7 يار. 14:15-13، 16؛ مىس. 40:12؛ گال. 17:3.
روس. 7:7 يار. 16:15؛ مىس. 12:3.
روس. 8:7 يار. 2:21؛ 24:25؛ 32:29؛ 5:30؛ 23:35.

روس. 9:7 يار. 37:28،4؛ زەب. 17:105.
روس. 10:7 يار. 40:41.
روس. 11:7 يار. 54:41؛ زەب. 16:105.
روس. 12:7 يار. 1:42.
روس. 13:7 يار. 4:45.
روس. 15:7 يار. 5:46؛ 33:49.
روس. 16:7 يار. 16:23؛ 13:50؛ مىس. 19:13؛ يە. 32:24.
روس. 17:7 مىس. 7:1؛ زەب. 24:105.
روس. 18:7 مىس. 8:1
روس. 20:7 مىس. 2:2؛ 19:6؛ چۆل. 59:26؛ 1تار. 13:23؛ ئىبر. 23:11.
روس. 23:7 مىس. 15:2ـ11.
روس. 27:7 مات. 23:21؛ روس. 35:7؛ 7:4.
روس. 28:7 مىس. 14:2.
روس. 30:7 مىس. 2:3
روس. 32:7 مىس. 6:3؛ مات. 32:22؛ ئىبر. 16:11.
روس. 33:7 مىس. 5:3، 7، 8، 10؛ يە. 15:5.
روس. 34:7 مىس. 10:3ـ2.
روس. 36:7 مىس. 7؛ 8؛ 9؛ 10؛ 11؛ 13؛ 14؛ 1:16؛ قان. 3:1.
روس. 37:7 قان. 18:18،15؛ يـۇھ. 46:1؛ روس. 22:3؛ مات. 5:17.
روس. 38:7 مىس. 3:19؛ گال. 19:3.
روس. 40:7 مىس. 23:32،1.
روس. 42:7 ئام. 25:5.
روس. 43:7 ئام. 27:5،26.
روس. 44:7 مىس. 40:25؛ ئىبر. 5:8.
روس. 45:7 يە. 14:3.
روس. 46:7 1سام. 1:16؛ 2سام. 2:7؛ 1تار. 1:17؛
زەب. 21:89ـ19؛ 5:132؛ روس. 22:13.
روس. 47:7 1پاد. 1:6؛ 1تار. 12:17.

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 48:7 | 1پاد. 27:8؛ روس. 24:17. |
| روس. | 49:7 | 2تار. 33:6؛ يەش. 66:1، 2؛ مات. 34:5؛ 22:23. |
| روس. | 50:7 | يەش. 66:2-1؛ يار. 4:1. |
| روس. | 51:7 | نەھ. 17:9،16؛ يەر. 1:6. |
| روس. | 53:7 | مىس. 3:19؛ 3:24؛ يـۇھ. 19:7؛ گال. 19:3؛ ئىبر. 2:2. |
| روس. | 58:7 | 1پاد. 13:21؛ لۇقا 29:4. |
| روس. | 59:7 | زەب. 5:31؛ لۇقا 46:23. |
| روس. | 60:7 | مات. 44:5؛ لۇقا 34:23؛ 1كور. 12:4. |
| روس. | 1:8 | روس. 19:11؛ 20:22. |
| روس. | 2:8 | يار. 2:23؛ 10:50؛ 2سام. 31:3 |
| روس. | 3:8 | روس. 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1. |
| روس. | 4:8 | مات. 23:10؛ روس. 19:11. |
| روس. | 7:8 | مار. 17:16؛ روس. 16:5؛ 18:16؛ 11:19. |
| روس. | 9:8 | روس. 6:13. |
| روس. | 17:8 | روس. 6:6؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 14:4؛ 22:5؛ 2تىم. 6:1. |
| روس. | 20:8 | مات. 8:10. |
| روس. | 33:8 | يەش. 7:53، 8. |
| روس. | 35:8 | لۇقا 45:24. |
| روس. | 36:8-37 | روس. 47:10. |
| روس. | 1:9 | روس. 3:8؛ 4:22؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1. |
| روس. | 3:9 | روس. 6:22؛ 31:26؛ 1كور. 8:15؛ 2كور. 2:12. |
| روس. | 5:9 | روس. 39:5. |
| روس. | 6:9 | لۇقا 10:3؛ روس. 37:2؛ 30:16. |
| روس. | 7:9 | دان. 7:10. |
| روس. | 11:9 | روس. 39:21؛ 3:22. |
| روس. | 13:9 | روس. 1:9؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1. |

روس. 15:9 روس. 2:13؛ 21:22؛ رىم. 1:1؛ گال. 15:1؛ 8:2؛ ئەف. 3:8؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 1:1.

روس. 16:9 روس. 11:21؛ 2كور. 23:11.

روس. 17:9 روس. 12:22.

روس. 24:9 2كور. 32:11.

روس. 25:9 يە. 15:2؛ 1سام. 12:19.

روس. 26:9 روس. 17:22.

روس. 27:9 روس. 25:11.

روس. 9:10 2پاد. 33:4؛ مات. 6:6.

روس. 14:10 لاۋ. 4:11؛ قان. 7:14.

روس. 15:10 مات. 11:15؛ رىم. 17،20:14؛ 1تىم. 4:4؛ تىت. 15:1.

روس. 26:10 روس. 14:14؛ ۋەھ. 10:19؛ 9:22.

روس. 28:10 مس. 32:23؛ 15:34؛ قان. 2:7؛ يـۇھ. 9:4؛ 28:18؛ روس. 3:11؛ 8:15؛ ئەف. 6:3.

روس. 31:10 مات. 3:28؛ مار. 5:16؛ لۇقا 4:24.

روس. 35-34:10 قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1.

روس. 36:10 يەش. 5:9؛ 7:52؛ يـۇھ. 33:16؛ رىم. 1:5؛ كول. 20:1.

روس. 38-37:10 يەش. 23:8؛ 1:9؛ مات. 12:4؛ مار. 14:1، 38، 39؛ لۇقا 14:4؛ زەب. 7:45؛ يەش. 1:61؛ لۇقا 18:4.

روس. 41-40:10 مار. 14:16؛ لۇقا 34:24؛ يـۇھ. 19:20؛ روس. 24:2؛ 1كور. 5:15.

روس. 42:10 مات. 19:28؛ مار. 15:16؛ يـۇھ. 16:15؛ روس. 31:17.

روس. 43:10 يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛14:33؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 24:9؛ مك. 20:7؛ روس. 9:15.

روس. 44:10 روس. 17:8.

روس. 46:10 مار. 17:16؛ روس. 4:2.

روس. 47:10 روس. 36:8؛ 17:11.

روس. 3:11 مس. 32:23؛ 15:34؛ قان. 2:7؛ يـۇھ. 28:18.

روس. 5:11 روس. 9:10.

روس. 8:11 لاۋ. 4:11؛ قان. 7:14.

روس. 12:11 روس. 19:10؛ 7:15.

روس. 16:11 يەش. 3:44؛ يو. 29:2-28؛ مات. 11:3؛ مار. 8:1؛
لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 5:1؛ 4:2؛ 4:19.

روس. 17:11 روس. 9:15.

روس. 19:11 روس. 1:8، 4.

روس. 21:11 روس. 47:2؛ 14:5.

روس. 23:11 روس. 43:13؛ 22:14.

روس. 24:11 روس. 36:4؛ 5:6.

روس. 25:11 روس. 27:9.

روس. 28:11 روس. 10:21.

روس. 30:11 روس. 25:12.

روس. 2:12 مات. 21:4.

روس. 4:12 يـۇھ. 18:21.

روس. 7:12 روس. 19:5؛ 26:16.

روس. 17:12 روس. 16:13؛ 33:19؛ 40:21.

روس. 24:12 يەش. 11:55؛ روس. 7:6.

روس. 1:13 روس. 26:14.

روس. 2:13 مات. 38:9؛ روس. 15:9؛ 21:22؛ رىم. 1:1؛ 15:10؛
گال. 15:1؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 11:1؛ ئىبر. 4:5.

روس. 3:13 روس. 6:6؛ 15:8؛ 6:19.

روس. 5:13 روس. 25:12.

روس. 6:13 روس. 9:8؛ 13:19.

روس. 13:13 روس. 38:15.

روس. 16:13 روس. 17:12؛ 33:19؛ 40:21.
روس. 17:13 مىس. 1:1.
روس. 18:13 مىس. 35:16؛ چۆل. 34:14؛ زەب. 10:95.
روس. 19:13 يە. 2:14.
روس. 20:13 ھاك. 16:2؛ 9:3.
روس. 21:13 1سام. 5:8؛ 15:9؛ 15:10؛ ھوش. 11:13.
روس. 22:13 1سام. 14:13؛ 12:16؛ زەب. 29:89-19؛ روس. 45:7.
روس. 24:13 مات. 1:3؛ مار. 2:1؛ لۇقا 2:3؛ يـۇھ. 23:3.
روس. 25:13 مات. 11:3؛ يـۇھ. 20:1.
روس. 26:13 مات. 6:10؛ روس. 26:3؛ 46:13.
روس. 27:13 يـۇھ. 3:16؛ روس. 17:3؛ 1كور. 8:2؛ 1تىم. 13:1.
روس. 28:13 مات. 20:27؛ مار. 11:15؛ لۇقا 18:23؛ يـۇھ. 6:19.
روس. 30:13 مات. 6:28؛ مار. 6:16؛ لۇقا 6:24.
روس. 31:13 مار. 14:16؛ يـۇھ. 19:20؛ 1:21؛ روس. 3:1؛ 1كور. 5:15.
روس. 32:13-33 يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ 2سام. 12:7؛
زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛
يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 9:25،24؛
زەب. 7:2.
روس. 34:13 يەش. 3:55.
روس. 35:13 زەب. 10:16؛ روس. 27:2.
روس. 36:13 1پاد. 10:2؛ روس. 29:2.
روس. 38:13 لۇقا 47:24؛ 1يۇھ. 12:2
روس. 39:13 رىم. 28:3؛ 3:8؛ 4:10؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 19:7.
روس. 41:13 يەش. 14:28؛ ھاب. 5:1.
روس. 43:13 روس. 23:11؛ 22:14.
روس. 46:13 مىس. 10:32؛ يەش. 5:55؛ مات. 12:8؛ 6:10؛ 43:21؛
روس. 26:3؛ 26:13؛ رىم. 19:10.
روس. 47:13 يەش. 6:42؛ 6:49؛ لۇقا 32:2.

روس. 50:13 2تىم. 11:3.
روس. 3:14 مار. 20:16؛ روس. 11:19؛ ئىبر. 4:2.
روس. 6:14-7 مات. 23:10؛ روس. 1:8.
روس. 8:14 روس. 2:3.
روس. 11:14 روس. 6:28.
روس. 15:14 يار. 1:1؛ زەب. 6:33؛ 8:124؛ 6:146؛ روس. 26:10؛
ۋەھ. 7:14؛ 10:19؛ 9:22.
روس. 16:14 زەب. 12:81
روس. 17:14 رىم. 19:1.
روس. 19:14 2كور. 25:11.
روس. 22:14 مات. 38:10؛ 24:16؛ لۇقا 26:24؛ روس. 23:11؛ 43:13؛
2تىم. 12:3.
روس. 26:14 روس. 1:13.
روس. 1:15 يار. 10:17؛ لاۋ. 3:12؛ گال. 2:5.
روس. 2:15 گال. 1:2.
روس. 7:15 روس. 20:10؛ 12:11.
روس. 8:15 1تار. 9:28؛ 17:29؛ زەب. 9:7؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20.
روس. 9:15 روس. 43:10، 44.
روس. 10:15 مات. 4:23.
روس. 11:15 ئەف. 8:2؛ تىت. 4:3.
روس. 17:15-18 ئام. 9:12،11.
روس. 20:15 يار. 4:9؛ مىس. 3:20؛ 1كور. 1:8؛ 20:10؛ 1تېس. 3:4.
روس. 24:15 گال. 4:2.
روس. 26:15 روس. 50:13؛ 19:14.
روس. 29:15 يار. 4:9؛ مىس. 3:20؛ لاۋ. 14:17؛ 1كور. 1:8؛ 1تېس. 3:4.
روس. 37:15 مىس. 3:20.
روس. 3:16 1كور. 20:9؛ گال. 3:2.
روس. 4:16 روس. 20:15.

روس. 8:16 2كور. 12:2.
روس. 15:16 يار. 3:19؛ 11:33؛ هاك. 21:19؛ لۇقا 29:24؛ ئىبر. 2:13.
روس. 16:16 1سام. 7:28؛ روس. 24:19.
روس. 18:16 مار. 17:16.
روس. 19:16 2كور. 5:6.
روس. 20:16 1پاد. 17:18؛ روس. 6:17.
روس. 22:16 2كور. 25:11؛ 1تېس. 2:2.
روس. 25:16 روس. 31:4.
روس. 26:16 روس. 19:5؛ 7:12.
روس. 30:16 لۇقا 10:3؛ روس. 37:2؛ 6:9.
روس. 31:16 يـۇھ. 36:3،16؛ 47:6؛ 1يۇھ. 10:5.
روس. 34:16 لۇقا 29:5؛ 6:19.
روس. 39:16 مات. 34:8.
روس. 3:17 زەب. 6:22. 22؛ مات. 21:16؛ لۇقا 46:24.
روس. 4:17 روس. 24:28.
روس. 6:17 روس. 20:16.
روس. 7:17 لۇقا 2:23؛ يـۇھ. 12:19.
روس. 10:17 روس. 25:9.
روس. 11:17 يەش. 16:34؛ لۇقا 29:16؛ يـۇھ. 39:5.
روس. 13:17 1تېس. 14:2.
روس. 15:17 روس. 5:18.
روس. 24:17 يار. 1:1؛ 2تار. 30:6؛ زەب. 6:33؛ 8:124؛ 6:146؛
يەش. 1:66؛ روس. 48:7؛ 15:14؛ ۋەھ. 7:14.
روس. 25:17 يار. 7:2.
روس. 26:17 قان. 8:32.
روس. 29:17 يەش. 18:40.
روس. 30:17 لۇقا 47:24.
روس. 2:18 رىم. 3:16؛ 1كور. 19:16؛ 2تىم. 19:4.

روس. 3:18 روس. 34:20؛ 1كور. 12:4؛ 2كور. 9:11؛ 13:12؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېس. 8:3.

روس. 5:18 روس. 15:17.

روس. 6:18 مات. 14:10؛ روس. 51:13.

روس. 8:18 1كور. 14:1.

روس. 9:18 روس. 11:23.

روس. 18:18 چۆل. 18:6؛ روس. 23:21.

روس. 21:18 1كور. 19:4؛ ئىبر. 3:6؛ ياق. 15:4.

روس. 24:18 1كور. 12:1.

روس. 27:18 1كور. 6:3.

روس. 1:19 1كور. 12:1

روس. 4:19 مات. 11:3؛ مار. 4:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 5:1؛ 16:11.

روس. 6:19 روس. 17:8؛ 15:11.

روس. 9:19 2تىم. 15:1.

روس. 11:19 مار. 20:16؛ روس. 3:14.

روس. 18:19 مات. 6:3.

روس. 20:19 يەش. 11:55.

روس. 21:19 رىم. 25:15؛ گال. 1:2.

روس. 23:19 2كور. 8:1.

روس. 24:19 روس. 16:16.

روس. 26:19 زەب. 4:115؛ يەر. 3:10.

روس. 29:19 روس. 4:20؛ 2:27؛ كول. 10:4.

روس. 4:20 روس. 29:19؛ 29:21؛ 2:27؛ 1كور. 14:1؛ ئەف. 21:6؛ كول. 10:4،7؛ 2تىم. 12:4؛ تىت. 12:3.

روس. 10:20 1پاد. 21:17؛ 2پاد. 34:4.

روس. 16:20 روس. 12:21،4.

روس. 21:20 مات. 2:3؛ مار. 15:1؛ لۇقا 47:24.

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 24:20 | روس. 13:21؛ گال. 1:1؛ تىت. 3:1. |
| روس. | 28:20 | ئەف. 7:1؛ كول. 14:1؛ 1پېت. 19:1؛ 2:5؛ ۋەھ. 9:5. |
| روس. | 29:20 | 2پېت. 1:2. |
| روس. | 30:20 | زەب. 9:41؛ مات. 21:16؛ روس. 17:1؛ 1يۇھ. 19:2. |
| روس. | 33:20 | 1كور. 12:9؛ 2كور. 9:11؛ 13:12. |
| روس. | 34:20 | روس. 3:18؛ 1كور. 12:4؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېس. 8:3. |
| روس. | 36:20 | روس. 5:21. |
| روس. | 4:21 | روس. 23:20؛ 12:21. |
| روس. | 8:21 | روس. 5:6؛ 29:8. |
| روس. | 9:21 | يو. 29:2-28؛ روس. 17:2. |
| روس. | 10:21 | روس. 28:11. |
| روس. | 11:21 | روس. 23:20؛ 33:21. |
| روس. | 14:21 | مات. 10:6؛ لۇقا 2:11؛ 42:22. |
| روس. | 25:21 | يار. 4:9؛ مىس. 3:20؛ روس. 23:15؛ 1كور. 1:8. |
| روس. | 26:21 | روس. 6:24. |
| روس. | 29:21 | روس. 4:20؛ 2تىم. 20:4. |
| روس. | 33:21 | روس. 11:21. |
| روس. | 36:21 | لۇقا 18:23؛ يـۇھ. 15:19؛ روس. 22:22. |
| روس. | 39:21 | روس. 11،30:9. |
| روس. | 3:22 | روس. 34:5؛ 11:9؛ 39:21؛ 2كور. 22:11 |
| روس. | 4:22 | روس. 3:8؛ 1:9؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1. |
| روس. | 6:22 | 1كور. 8:15؛ 2كور. 2:12. |
| روس. | 9:22 | دان. 7:10. |
| روس. | 12:22 | روس. 17:9. |
| روس. | 18:22 | مات. 14:10. |
| روس. | 19:22 | روس. 4:22. |
| روس. | 20:22 | روس. 58:7؛ 1:8. |

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 22:21 | روس. 9:15؛ 13:2؛ گال. 1:15؛ 2:8؛ ئەف. 3:8؛ 1تىم. 2:7؛ 2تىم. 1:11. |
| روس. | 22:22 | روس. 21:36. |
| روس. | 23:1 | روس. 24:16. |
| روس. | 23:2 | 1پاد. 22:24؛ يەر. 20:2؛ يۇھ. 18:22. |
| روس. | 23:3 | قان. 17:9. |
| روس. | 23:5 | مىس. 22:27. |
| روس. | 23:6 | روس. 24:21؛ 26:6؛ فىل. 3:5. |
| روس. | 23:8 | مات. 22:23؛ مار. 12:18؛ لۇقا 20:27. |
| روس. | 23:9 | روس. 25:25؛ 26:31. |
| روس. | 23:11 | روس. 18:9. |
| روس. | 23:12 | روس. 23:30،29،21. |
| روس. | 23:20 | روس. 23:12. |
| روس. | 23:27 | روس. 21:33. |
| روس. | 24:1 | روس. 23:2. |
| روس. | 24:6ـ7 | روس. 21:28. |
| روس. | 24:12 | روس. 25:8؛ 28:17. |
| روس. | 24:16 | روس. 23:1. |
| روس. | 24:17 | روس. 11:29؛ رىم. 15:25. |
| روس. | 24:18 | روس. 21:27. |
| روس. | 24:21 | روس. 23:6؛ 28:20. |
| روس. | 24:23 | روس. 27:3؛ 28:16. |
| روس. | 25:8 | روس. 24:12؛ 28:17. |
| روس. | 25:11 | روس. 18:14. |
| روس. | 25:14 | روس. 24:27. |
| روس. | 25:25 | روس. 23:9؛ 26:31. |

روس. 6:26 یار. 15:3؛ 18:22؛ 26:4؛ 49:10؛ قان. 18:15؛ 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ يەش. 4:2؛ 7:14؛ 9:5؛ 40:10؛ يەر. 23:5؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 37:24؛ دان. 9:24؛ مك. 20:7.

روس. 9:26 روس. 3:8؛ 9:1؛ 22:4؛ 1كور. 15:9؛ گال. 1:13؛ 1تىم. 13:1.

روس. 17:26-18 يەش. 1:60.

روس. 20:26 روس. 28:9،19؛ 21:22،17.

روس. 21:26 روس. 30:21.

روس. 23:26 يەش. 3:60-1، 19، 20

روس. 29:26 1كور. 7:7.

روس. 31:26 روس. 9:23؛ 25:25.

روس. 3:27 روس. 23:24؛ 16:28.

روس. 34:27 مات. 30:10.

روس. 35:27 1سام. 13:9؛ يۇھ. 11:6؛ 1تىم. 3:4.

روس. 41:27 2كور. 25:11.

روس. 5:28 مار. 18:16؛ لۇقا 19:10.

روس. 6:28 روس. 11:14.

روس. 16:28 روس. 23:24؛ 3:27.

روس. 17:28 روس. 12:24؛ 8:25.

روس. 20:28 روس. 6:23؛ 21:24.

روس. 23:28 یار. 15:3؛ 18:22؛ 26:4؛ 49:10؛ قان. 18:15؛ 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ يەش. 4:2؛ 7:14؛ 9:5؛ 40:10؛ يەر. 23:5؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 37:24؛ دان. 9:24؛ مك. 20:7.

روس. 24:28 روس. 4:17.

روس. 26:28 يەش. 9:6؛ ئەز. 2:12؛ مات. 14:13؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ يۇھ. 40:12؛ رىم. 8:11.

روس. 27:28 يەش. 10:6،9.

# رىملىقلارغا

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 1:1 | روس. 15:9؛ 2:13؛ گال. 15:1. |
| رىم. | 2:1 | يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ 2سام. 12:7؛ |
| | | زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛ |
| | 3 | 14:3؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 24:9؛ مىك. 20:7. |
| رىم. | 4-3:1 | مات. 1:1؛ لۇقا 32:1؛ روس. 30:2؛ 23:13؛ 2تىم. 8:2؛ |
| | | يەش. 5:9؛ 6:44؛ 5:54؛ يـۇھ. 19:2؛ رىم. 5:9؛ 1يۇھ. 20:5. |
| رىم. | 7:1 | 1كور. 2:1؛ ئەف. 1:1. |
| رىم. | 9:1 | رىم. 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ |
| | | 1تېس. 5:2؛ 2تىم. 3:1. |
| رىم. | 10:1 | رىم. 23،32:15. |
| رىم. | 11:1 | رىم. 29:15؛ 1تېس. 10:3. |
| رىم. | 13:1 | 1تېس. 18:2. |
| رىم. | 14:1 | 1كور. 16:9. |
| رىم. | 16:1 | زەب. 9-10:40؛ 1كور. 18:1؛ 2:15؛ 2تىم. 8:1. |
| رىم. | 17:1 | هاب. 4:2؛ يـۇھ. 36:3؛ رىم. 21:3؛ گال. 11:3؛ |
| | | فىل. 9:3؛ ئىبر. 38:10. |
| رىم. | 19:1 | روس. 17:14. |
| رىم. | 20:1 | زەب. 2:19-1 |
| رىم. | 21:1 | قان. 28:28 |
| رىم. | 23:1 | 2پاد. 29:17. |
| رىم. | 26:1 | لاۋ. 22،23:18. |
| رىم. | 32:1 | هوش. 3:7. |
| رىم. | 1:2 | 2سام. 5:12؛ مات. 1:7؛ 1كور. 5:4. |
| رىم. | 4:2 | 2پېت. 15:3. |
| رىم. | 5:2 | رىم. 22:9. |

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 6:2 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 12:14؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22. |
| رىم. | 8:2 | 2تېس. 8:1. |
| رىم. | 11:2 | قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1. |
| رىم. | 13:2 | مات. 21:7؛ ياق. 22:1؛ 1يۇھ. 7:3. |
| رىم. | 16:2 | مات. 31:25. |
| رىم. | 17:2 | رىم. 4:9. |
| رىم. | 24:2 | يەش. 5:52؛ ئەز. 2:36. |
| رىم. | 28:2 | يـۇھ. 39:8؛ رىم. 7:9. |
| رىم. | 29:2 | قان. 16:10؛ يەر. 4:4؛ فىل. 2:3، 3؛ كول. 11:2. |
| رىم. | 2:3 | زەب. 19:147؛ رىم. 4:9. |
| رىم. | 3:3 | چۆل. 19:23؛ رىم. 6:9؛ 2تىم. 13:2. |
| رىم. | 4:3 | زەب. 4:51؛ 11:116؛ يـۇھ. 33:3. |
| رىم. | 9:3 | گال. 22:3. |
| رىم. | 10:3 | زەب. 3:14؛ 3:53 |
| رىم. | 12:3 | زەب. 3:14-1؛ 3:53-1؛ توپ. 20:7 |
| رىم. | 13:3 | زەب. 9:5؛ 4:140. |
| رىم. | 14:3 | زەب. 7:10 |
| رىم. | 15:3 | پەند. 16:1؛ يەش. 7:59. |
| رىم. | 17:3 | يەش. 7،8:59 |
| رىم. | 18:3 | زەب. 1:36 |
| رىم. | 20:3 | رىم. 7:7؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 18:7. |
| رىم. | 21:3 | رىم. 17:1؛ فىل. 9:3. |
| رىم. | 24:3 | يەش. 5:53. |
| رىم. | 25:3 | مىس. 17:25؛ 2كور. 19:5؛ كول. 20:1؛ ئىبر. 16:4؛ 1يۇھ. 10:4. |

رىم. 28:3 روس. 38:13؛ رىم. 3:8؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 25:7.
رىم. 1:4 يەش. 2:51.
رىم. 3:4 يار. 6:15؛ گال. 6:3؛ ياق. 23:2.
رىم. 7:4 زەب. 1:32
رىم. 8:4 زەب. 1:32، 2
رىم. 9:4 يار. 6:15
رىم. 11:4 يار. 11:17.
رىم. 14:4 گال. 18:3.
رىم. 15:4 يـۇھ. 22:15؛ رىم. 20:5؛ 8:7؛ گال. 19:3.
رىم. 16:4-17 يەش. 2:51؛ يار. 5:17.
رىم. 18:4 يار. 5:15؛ ئىبر. 12:11.
رىم. 20:4 يـۇھ. 56:8؛ ئىبر. 11:11، 18.
رىم. 21:4 زەب. 3:115
رىم. 22:4 يار. 6:15.
رىم. 23:4-25 رىم. 4:15.
رىم. 1:5 يەش. 17:32؛ يـۇھ. 33:16؛ ئەف. 13:2.
رىم. 2:5 يـۇھ. 9:10؛ 6:14؛ 1كور. 1:15؛ ئەف. 18:2؛ 12:3؛ ئىبر. 6:3؛ 19:10.
رىم. 3:5-4 ياق. 3:1.
رىم. 6:5 ئەف. 1:2؛ كول. 13:2؛ ئىبر. 15:9؛ 1پېت. 18:3.
رىم. 8:5 ئىبر. 15:9؛ 1پېت. 18:3.
رىم. 12:5 يار. 17:2؛ 6:3؛ 1كور. 21:15.
رىم. 20:5 لۇقا 47:7؛ يـۇھ. 22:15؛ رىم. 15:4؛ 8:7؛ گال. 19:3
رىم. 3:6 گال. 27:3.
رىم. 4:6 رىم. 11:8؛ ئەف. 23:4؛ فىل. 11:3،10؛ كول. 12:2؛ 10:3؛ ئىبر. 1:12؛ 1پېت. 2:2.
رىم. 5:6 رىم. 11:8؛ كول. 1:3.
رىم. 6:6 گال. 20:2؛ 24:5؛ فىل. 10:3؛ 1پېت. 1:4، 2.

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 7:6 | 1پېت. 1:4. |
| رىم. | 8:6 | 2تىم. 11:2. |
| رىم. | 9:6 | ۋەھ. 18:1. |
| رىم. | 10:6 | 1پېت. 24:2. |
| رىم. | 13:6 | لۇقا 74:1؛ رىم. 1:12؛ گال. 20:2؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 2:4. |
| رىم. | 16:6 | يـۇھ. 34:8؛ 2پېت. 19:2. |
| رىم. | 18:6 | يـۇھ. 32:8؛ گال. 1:5؛ 1پېت. 16:2. |
| رىم. | 20:6 | يـۇھ. 34:8. |
| رىم. | 23:6 | يار. 17:2؛ رىم. 12:5؛ 1كور. 21:15؛ ياق. 15:1. |
| رىم. | 2:7 | 1كور. 2،10،39:7. |
| رىم. | 3:7 | مات. 32:5. |
| رىم. | 4:7 | گال. 19:2؛ 1پېت. 1:4. |
| رىم. | 6:7 | رىم. 29:2؛ 2كور. 6:3. |
| رىم. | 7:7 | مىس. 17:20؛ قان. 21:5؛ رىم. 20:3؛ ئىبر. 18:7. |
| رىم. | 8:7 | يـۇھ. 22:15؛ رىم. 15:4؛ 20:5؛ گال. 19:3. |
| رىم. | 12:7 | 1تىم. 8:1. |
| رىم. | 14:7 | يەش. 3:52. |
| رىم. | 15:7 | گال. 17:5. |
| رىم. | 18:7 | يار. 3،5:6؛ 21:8. |
| رىم. | 22:7 | ئەف. 16:3. |
| رىم. | 23:7 | گال. 17:5. |
| رىم. | 2:8 | يـۇھ. 36:8؛ رىم. 18:6، 22؛ گال. 1:5. |
| رىم. | 3:8 | روس. 39:13؛ رىم. 28:3؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 18:7. |
| رىم. | 5:8 | 1كور. 14:2. |
| رىم. | 9:8 | 1كور. 16:3. |
| رىم. | 11:8 | رىم. 4:6، 5؛ 1كور. 14:6؛ 2كور. 14:4؛ ئەف. 5:2؛ كول. 13:2. |
| رىم. | 14:8 | گال. 18:5. |

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 15:8 | يەش. 5:56؛ 1كور. 12:2؛ گال. 26:3؛ 5:4، 6؛ 2تىم. 7:1. |
| رىم. | 16:8 | 2كور. 22:1؛ 5:5؛ ئەف. 13:1؛ 30:4. |
| رىم. | 17:8 | 2تىم. 12:2،11. |
| رىم. | 18:8 | مات. 12:5؛ 2كور. 10:4، 17؛ فىل. 20:3؛ 1پېت. 13:4؛ 1يۇھ. 1:3، 2. |
| رىم. | 22:8 | ۋەھ. 13:5. |
| رىم. | 23:8 | لۇقا 28:21. |
| رىم. | 26:8 | مات. 22:20؛ ياق. 3:4. |
| رىم. | 29:8 | كول. 18:1. |
| رىم. | 31:8 | چۆل. 8:14. |
| رىم. | 32:8 | يار. 12:22؛ يەش. 5:53؛ يـۇھ. 16:3. |
| رىم. | 33:8 | يەش. 8:50. |
| رىم. | 34:8 | ئىبر. 25:7. |
| رىم. | 36:8 | زەب. 22:44؛ 1كور. 9:4؛ 2كور. 11:4. |
| رىم. | 1:9 | رىم. 9:1؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 27:5. |
| رىم. | 3:9ـ4 | مىس. 32:32؛ رىم. 1:10؛ مىس. 22:4؛ قان. 6:7؛ رىم. 17:2؛ 2:3؛ ئەف. 12:2. |
| رىم. | 5:9 | يەر. 6:23؛ يـۇھ. 1:1؛ روس. 28:20؛ رىم. 4:1؛ ئىبر. 10:1،9،8. |
| رىم. | 6:9 | چۆل. 19:23؛ يـۇھ. 39:8؛ رىم. 28:2؛ 3:3؛ 2تىم. 13:2. |
| رىم. | 7:9 | يار. 12:21؛ گال. 29:3؛ 23:4؛ ئىبر. 18:11. |
| رىم. | 8:9 | گال. 28:4. |
| رىم. | 9:9 | يار. 10:18. |
| رىم. | 10:9 | يار. 21:25. |
| رىم. | 11:9ـ12 | يار. 23:25. |
| رىم. | 13:9 | مال. 3:1ـ2. |
| رىم. | 14:9 | قان. 4:32؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 10:34. |

رىم. 15:9 مىس. 19:33.
رىم. 17:9 مىس. 16:9.
رىم. 20:9 يەش. 16:29؛ 9:45؛ يەر. 6:18.
رىم. 21:9 2تىم. 20:2.
رىم. 25:9 ھوش. 25:2
رىم. 26:9 ھوش. 1:2؛ 1پېت. 10:2.
رىم. 27:9 يەش. 22:10.
رىم. 28:9 يەش. 22:10، 23.
رىم. 29:9 يار. 24:19؛ يەش. 9:1؛ 19:13؛ يەر. 40:50؛ ئەز. 46:16.
رىم. 31:9 رىم. 2:10؛ 7:11.
رىم. 33:9 زەب. 12:2؛ 22:118؛ پەند. 20:16؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛
يەر. 7:17؛ مات. 42:21؛ 1پېت. 6:2.
رىم. 2:10 روس. 3:22؛ رىم. 31:9؛ گال. 17:4.
رىم. 4:10 مات. 17:5؛ روس. 38:13؛ 2كور. 13:3؛ گال. 24:3.
رىم. 5:10 لاۋ. 5:18؛ ئەز. 11:20؛ گال. 12:3.
رىم. 6:10 قان. 12:30.
رىم. 7:10 قان. 13:30
رىم. 8:10 قان. 14:30-12.
رىم. 11:10 يەش. 16:28؛ رىم. 33:9.
رىم. 12:10 روس. 9:15؛ رىم. 22:3.
رىم. 13:10 يو. 32:2؛ روس. 21:2.
رىم. 15:10 يەش. 7:52؛ ناھ. 1:2.
رىم. 16:10 يەش. 1:53؛ يۇھ. 38:12.
رىم. 18:10 زەب. 4:19
رىم. 19:10 قان. 21:32.
رىم. 20:10 يەش. 1:65.
رىم. 21:10 يەش. 2:65.
رىم. 1:11 يەر. 37:31؛ 2كور. 22:11؛ فىل. 5:3.

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 3:11 | 1پاد. 19:14،10. |
| رىم. | 4:11 | 1پاد. 18:19. |
| رىم. | 5:11 | رىم. 27:9. |
| رىم. | 6:11 | قان. 4:9. |
| رىم. | 7:11 | رىم. 31:9. |
| رىم. | 8:11 | قان. 2:29؛ يەش. 9:6؛ 10:29؛ ئەز. 2:12؛ مات. 14:13؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ يـۇھ. 40:12؛ روس. 26:28. |
| رىم. | 9:11 | زەب. 22:69 |
| رىم. | 10:11 | زەب. 23:69-22 |
| رىم. | 13:11 | روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 16:1؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 11:1. |
| رىم. | 16:11 | چۆل. 20:15 |
| رىم. | 23:11 | 2كور. 16:3. |
| رىم. | 25:11 | لۇقا 24:21. |
| رىم. | 26:11 | زەب. 7:14؛ يەش. 9:27؛ 20:59؛ يەر. 31:31، 32، 33، 34؛ 2كور. 16:3؛ ئىبر. 8:8؛ 16:10. |
| رىم. | 27:11 | يەش. 20:59، 21؛ دان. 24:9 |
| رىم. | 32:11 | گال. 22:3. |
| رىم. | 34:11 | يەش. 13:40؛ 1كور. 16:2. |
| رىم. | 35:11 | ئايۇپ 3:41. |
| رىم. | 36:11 | پەند. 4:16؛ 1كور. 6:8. |
| رىم. | 1:12 | رىم. 16:6،13؛ 1پېت. 5:2. |
| رىم. | 2:12 | ئەف. 17:5؛ 1تېس. 3:4؛ 1يۇھ. 15:2. |
| رىم. | 3:12 | رىم. 5:1؛ 1كور. 11:12؛ ئەف. 7:4. |
| رىم. | 4:12 | 1كور. 27:12؛ ئەف. 23:1؛ 16:4؛ 23:5؛ كول. 24:1. |
| رىم. | 5:12 | 1كور. 4:12؛ 2كور. 13:10؛ 1پېت. 10:4. |
| رىم. | 6:12 | 1كور. 4:12. |
| رىم. | 7:12 | 1كور. 10:12؛ 1پېت. 10:4، 11. |

رىم. 8:12 قان. 7:15؛ مات. 1:6، 2، 3؛ 2كور. 7:9.
رىم. 10:12 ئەف. 2:4؛ فىل. 3:2؛ 1پېت. 5:5؛ ئىبر. 1:13؛
1پېت. 22:1؛ 17:2.
رىم. 12:12 لۇقا 1:18؛ رىم. 13:15؛ ئەف. 18:6؛ كول. 2:4؛
1تېس. 17:5،16؛ ئىبر. 36:10؛ 1:12؛ ياق. 7:5.
رىم. 13:12 1كور. 1:16؛ ئىبر. 2:13؛ 1پېت. 9:4.
رىم. 14:12 مات. 44:5؛ 1كور. 12:4.
رىم. 16:12 پەند. 7:3؛ يەش. 21:5؛ رىم. 5:15؛ 1كور. 10:1؛
فىل. 2:2؛ 16:3؛ 1پېت. 8:3.
رىم. 17:12 پەند. 22:20؛ مات. 39:5؛ 1كور. 7:6؛ 2كور. 21:8؛
1تېس. 15:5؛ 1پېت. 12:2.
رىم. 18:12 مار. 50:9؛ ئىبر. 14:12.
رىم. 19:12 قان. 35:32؛ مات. 39:5؛ لۇقا 29:6؛ ئىبر. 30:10.
رىم. 20:12 پەند. 22:25-21؛ مات. 44:5.
رىم. 1:13 پەند. 15:8؛ دان. 29:4؛ تىت. 1:3؛ 1پېت. 13:2.
رىم. 8:13 گال. 14:5؛ 1تىم. 5:1.
رىم. 9:13 مىس. 17:20-13؛ لاۋ. 18:19؛ قان. 19:5-17؛
مات. 18:19؛ 39:22؛ مار. 31:12؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2.
رىم. 11:13 ئەف. 14:5؛ 1تېس. 6:5.
رىم. 12:13 كول. 8:3؛ 1تېس. 5:5.
رىم. 13:13 لۇقا 34:21؛ 1كور. 10:6؛ ئەف. 5:5؛ فىل. 8:4؛
1تېس. 12:4؛ 6:5؛ ياق. 14:3.
رىم. 14:13 گال. 27:3؛ 1پېت. 11:2.
رىم. 2:14 پەند. 7:15
رىم. 4:14 ياق. 12:4.
رىم. 5:14 گال. 10:4؛ كول. 16:2.
رىم. 6:14 1كور. 31:10؛ 1تىم. 3:4.
رىم. 7:14 2كور. 5:15؛ گال. 20:2؛ 1تېس. 10:5؛ 1پېت. 2:4.

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 10:14 | مات. 31:25؛ 2كور. 10:5. |
| رىم. | 11:14 | يەش. 23:45؛ 18:49؛ فىل. 10:2. |
| رىم. | 12:14 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22. |
| رىم. | 13:14 | 1كور. 32:10؛ 2كور. 3:6. |
| رىم. | 14:14 | مات. 11:15؛ روس. 15:10؛ 1كور. 4:8؛ 1تىم. 4:4. |
| رىم. | 15:14 | 1كور. 11:8. |
| رىم. | 17:14 | 1كور. 8:8. |
| رىم. | 20:14 | تىت. 15:1. |
| رىم. | 21:14 | 1كور. 13:8. |
| رىم. | 23:14 | تىت. 15:1. |
| رىم. | 1:15 | 1كور. 22:9؛ گال. 1:6 |
| رىم. | 3:15 | زەب. 9:69-7؛ يەش. 4:53، 5. |
| رىم. | 4:15 | رىم. 23:4، 24. |
| رىم. | 5:15 | رىم. 16:12؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 2:2؛ 16:3؛ 1پېت. 8:3. |
| رىم. | 8:15-9 | 2سام. 50:22؛ زەب. 50:18-49. |
| رىم. | 10:15 | قان. 43:32. |
| رىم. | 11:15 | زەب. 1:117 |
| رىم. | 12:15 | يەش. 10:11؛ ۋەھ. 5:5؛ 16:22. |
| رىم. | 21:15 | يەش. 15:52. |
| رىم. | 22:15 | رىم. 13:1؛ 1تېس. 18:2. |
| رىم. | 23:15-24 | رىم. 10:1؛ 32:15؛ 1تېس. 10:3؛ 2تىم. 4:1. |
| رىم. | 25:15 | روس. 21:19؛ 17:24. |
| رىم. | 29:15 | رىم. 11:1. |
| رىم. | 30:15 | 2كور. 11:1. |
| رىم. | 31:15 | 2تېس. 2:3. |
| رىم. | 32:15 | رىم. 10:1؛ 23:15. |
| رىم. | 3:16 | روس. 2،26:18. |

رىم. 16:16 1كور. 20:16؛ 2كور. 12:13؛ 1تېس. 26:5؛ 1پېت. 14:5.
رىم. 17:16 مات. 17:18؛ كول. 8:2؛ 2تېس. 6:3؛ 2تىم. 5:3؛
تىت. 10:3؛ 2يۇھ. 10.
رىم. 18:16 ئەز. 18:13؛ فىل. 19:3.
رىم. 19:16 مات. 16:10؛ 1كور. 20:14.
رىم. 21:16 روس. 1:13؛ 1:16؛ 5:17؛ 4:20؛ فىل. 19:2؛ كول. 1:1؛
1تېس. 2:3؛ 1تىم. 2:1.
رىم. 23:16 روس. 22:19؛ 2تىم. 20:4.
رىم. 25:16 ئەف. 9:1؛ 9،20:3؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 10:1؛ تىت. 2:1؛
1پېت. 20:1.

# كورىنتلىقلارغا «1»

1كور. 1:1-2 يۇھ. 19:17؛ روس. 9:15؛ رىم. 7:1؛ ئەف. 1:1؛
1تېس. 7:4؛ 2تىم. 22:2.
1كور. 3:1 رىم. 7:1؛ 2كور. 2:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1.
1كور. 5:1 كول. 9:1.
1كور. 7:1 فىل. 20:3؛ تىت. 13:2.
1كور. 8:1 1تېس. 13:3؛ 23:5.
1كور. 9:1 يەر. 40-44:32؛ يۇھ. 5:15؛ 1كور. 13:10؛
گال. 20:2؛ 1تېس. 24:5؛ 1يۇھ. 3:1.
1كور. 10:1 رىم. 16:12؛ 5:15؛ فىل. 2:2؛ 16:3؛ 1پېت. 8:3.
1كور. 12:1 روس. 24:18؛ 1كور. 4:3؛ 12:16.
1كور. 14:1 روس. 8:18؛ رىم. 23:16.
1كور. 16:1 1كور. 15،17:16.
1كور. 17:1 1كور. 1:2، 4؛ 2پېت. 16:1.
1كور. 18:1 رىم. 16:1.

| | | |
|---|---|---|
| 1كور. | 19:1 | ئايۇپ 12:5؛ يەش. 14:29. |
| 1كور. | 20:1 | يەش. 18:33. |
| 1كور. | 21:1 | مات. 25:11؛ لۇقا 21:10. |
| 1كور. | 22:1 | مات. 38:12؛ 1:16؛ يـۇھ. 48:4. |
| 1كور. | 23:1 | مات. 6:11. يـۇھ. 66:6،60. |
| 1كور. | 24:1 | كول. 3:2. |
| 1كور. | 26:1 | يـۇھ. 48:7؛ ياق. 5:2. |
| 1كور. | 30:1 | يەر. 5:23؛ يـۇھ. 19:17. |
| 1كور. | 31:1 | يەش. 16:65؛ يەر. 23:9ـ22؛ 2كور. 17:10. |
| 1كور. | 1:2 | 1كور. 17:1؛ 4:2. |
| 1كور. | 3:2 | روس. 1:18، 3؛ 2كور. 10:10. |
| 1كور. | 4:2 | 1كور. 17:1؛ 1:2؛ 2پېت. 16:1. |
| 1كور. | 5:2 | 2كور. 7:4. |
| 1كور. | 6:2 | ئايۇپ 21:28؛ 1كور. 24:15. |
| 1كور. | 7:2 | رىم. 25:16؛ 1كور. 1:4. |
| 1كور. | 8:2 | مات. 25:11؛ يـۇھ. 48:7؛ 3:16؛ روس. 17:3؛ 27:13؛ 2كور. 14:3؛ 1تىم. 13:1. |
| 1كور. | 9:2 | يەش. 3:64. |
| 1كور. | 10:2 | مات. 11:13؛ 2كور. 18:3. |
| 1كور. | 11:2 | پەند. 19:27؛ يەر. 9:17. |
| 1كور. | 12:2 | رىم. 15:8. |
| 1كور. | 13:2 | 1كور. 17:1؛ 4:2؛ 2پېت. 16:1 |
| 1كور. | 15:2 | پەند. 5:28. |
| 1كور. | 16:2 | يەش. 13:40؛ رىم. 34:11. |
| 1كور. | 2:3 | ئىبر. 12:5؛ 1پېت. 2:2. |
| 1كور. | 3:3 | 1كور. 11:1؛ گال. 19:5؛ ياق. 16:3. |
| 1كور. | 4:3 | 1كور. 12:1. |
| 1كور. | 5:3 | روس. 24:18؛ 1كور. 12:1؛ 12:16. |

| | | |
|---|---|---|
| 1كور. | 6:3 | روس. 26:18؛ 1:19. |
| 1كور. | 8:3 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22. |
| 1كور. | 9:3 | 2كور. 1:6؛ ئەف. 20:2؛ كول. 7:2؛ 1پېت. 5:2. |
| 1كور. | 11:3 | يەش. 16:28؛ مات. 18:16. |
| 1كور. | 13:3 | يەش. 20:8؛ 10:48؛ يەر. 29:23؛ 1پېت. 7:1؛ 12:4. |
| 1كور. | 16:3 | 1كور. 19:6؛ 2كور. 16:6؛ ئىبر. 6:3؛ 1پېت. 5:2. |
| 1كور. | 18:3 | پەند. 7:3؛ يەش. 21:5. |
| 1كور. | 19:3-20 | ئايۇپ 13:5؛ زەب. 11:94. |
| 1كور. | 1:4 | مات. 45:24؛ 2كور. 4:6؛ كول. 25:1؛ تىت. 7:1. |
| 1كور. | 2:4 | لۇقا 42:12. |
| 1كور. | 4:4 | مىس. 7:34؛ ئايۇپ 2:9؛ زەب. 2:143. |
| 1كور. | 5:4 | دان. 10:7؛ مات. 1:7؛ رىم. 1:2؛ ۋەھ. 12:20. |
| 1كور. | 6:4 | پەند. 7:3؛ رىم. 3:12. |
| 1كور. | 7:4 | يـۇھ. 27:3؛ ياق. 17:1. |
| 1كور. | 9:4 | زەب. 22:44؛ رىم. 36:8؛ 2كور. 11:4؛ ئىبر. 33:10. |
| 1كور. | 10:4 | 1كور. 3:2. |
| 1كور. | 11:4 | روس. 2:23. |
| 1كور. | 12:4 | مات. 44:5؛ لۇقا 28:6؛ 34:23؛ روس. 60:7؛ 3:18؛ 34:20؛ رىم. 14:12؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېـس. 8:3. |
| 1كور. | 14:4 | 1تېس. 11:2. |
| 1كور. | 15:4 | روس. 11:18؛ گال. 19:4؛ فلم. 10؛ ياق. 18:1. |
| 1كور. | 16:4 | 1كور. 1:11؛ فىل. 17:3؛ 1تېس. 6:1؛ 2تېـس. 9:3. |
| 1كور. | 19:4 | روس. 21:18؛ ئىبر. 3:6؛ ياق. 15:4. |
| 1كور. | 20:4 | 1كور. 4:2؛ 1تېس. 5:1؛ 2پېت. 16:1. |
| 1كور. | 1:5 | لاۋ. 8:18؛ قان. 20:27. |
| 1كور. | 5:5 | 1تىم. 20:1. |
| 1كور. | 6:5 | گال. 9:5. |

1كور. 7:5 يەش. 7:53؛ يـۇھ. 29:1؛ 1كور. 3:15.

1كور. 8:5 مس. 15:12،3؛ قان. 3:16.

1كور. 9:5 قان. 2:7؛ مات. 17:18؛ 2كور. 14:6؛ ئەف. 11:5؛ 2تېـس. 14:3.

1كور. 11:5 چۆل. 14:12؛ مات. 17:18؛ 2تېـس. 14:3؛ 2يۇھ. 10.

1كور. 13:5 قان. 7:17

1كور. 2:6 مات. 28:19؛ لۇقا 30:22.

1كور. 7:6 پەند. 22:20؛ مات. 39:5؛ رىم. 17:12؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 9:3.

1كور. 9:6 گال. 19:5؛ ئەف. 5:5؛ ۋەھ. 15:22.

1كور. 11:6 ئەف. 2:2؛ كول. 7:3؛ تىت. 3:3؛ ئىبر. 22:10.

1كور. 12:6 1كور. 23:10.

1كور. 14:6 رىم. 11:8؛ 2كور. 14:4.

1كور. 16:6 يار. 24:2؛ مات. 5:19؛ مار. 8:10؛ ئەف. 31:5.

1كور. 17:6 ئەز. 28:36-26؛ 1كور. 13:12؛ يار. 24:2

1كور. 19:6 1كور. 16:3؛ 2كور. 16:6؛ ئەف. 21:2؛ ئىبر. 6:3؛ 1پېت. 5:2.

1كور. 20:6 1كور. 23:7؛ گال. 13:3؛ ئىبر. 12:9؛ 1پېت. 18:1.

1كور. 3:7 1پېت. 7:3.

1كور. 5:7 يو. 16:2.

1كور. 7:7 مات. 12:19؛ روس. 29:26؛ 1كور. 11:12.

1كور. 9:7 1تىم. 14:5.

1كور. 10:7 مال. 14:2؛ مات. 32:5؛ 9:19؛ مار. 11:10؛ لۇقا 18:16.

1كور. 16:7 1پېت. 1:3.

1كور. 20:7 ئەف. 1:4؛ فىل. 27:1؛ كول. 10:1؛ 1تېس. 12:2.

1كور. 23:7 1كور. 20:6؛ ئىبر. 12:9؛ 1پېت. 18:1.

1كور. 31:7 يەش. 6:40؛ ياق. 10:1؛ 14:4؛ 1پېت. 24:1؛ 1يۇھ. 17:2.

1كور. 32:7 1تىم. 5:5.

1كور. 39:7 رىم. 2:7.

1كور. 40:7 1تېس. 8:4.

1كور. 4:8 قان. 39:4؛ رىم. 14:14؛ 1كور. 19:10؛ ئەف. 6:4.

1كور. 6:8 مال. 10:2؛ يـۇھ. 13:13؛ 1كور. 3:12؛ ئەف. 6:4؛ فىل. 11:2.

1كور. 7:8 1كور. 28:10.

1كور. 8:8 رىم. 17:14.

1كور. 9:8 گال. 13:5.

1كور. 11:8 رىم. 15:14.

1كور. 13:8 رىم. 21:14؛ 2كور. 29:11.

1كور. 1:9 روس. 9:17،3؛ 22:18،14؛ 23:11؛ 1كور. 4:15؛ 15:8؛
2كور. 2:12.

1كور. 4:9 1كور. 9:14؛ 1تېس. 2:6؛ 2تېــس. 9:3.

1كور. 5:9 مات. 14:8.

1كور. 7:9 يـۇھ. 15:21؛ 1كور. 3:6، 7، 8؛ 2كور. 10:4؛ 1پېت. 2:5.

1كور. 9:9 قان. 4:25؛ 1تىم. 18:5.

1كور. 11:9 رىم. 27:15؛ گال. 6:6.

1كور. 12:9 روس. 33:20؛ 2كور. 11:9؛ 13:12.

1كور. 13:9 قان. 1:18.

1كور. 14:9 لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ مات. 10:10؛ لۇقا 7:10؛
1تىم. 18:5.

1كور. 20:9 روس. 3:16؛ 18:18؛ 23:21.

1كور. 21:9 گال. 3:2.

1كور. 22:9 رىم. 1:15؛ 1كور. 33:10؛ گال. 1:6.

1كور. 24:9 گال. 2:2؛ 7:5؛ فىل. 16:2؛ 2تىم. 7:4؛ ئىبر. 18:6.

1كور. 25:9 2تىم. 4:2؛ 4:8،7؛ 1پېت. 1:4؛ 4:5.

1كور. 1:10 مىس. 21:13؛ 22:14؛ چۆل. 18:9؛ قان. 33:1؛ يە. 23:4؛
نەھ. 19:9،12؛ زەب. 78:14،13؛ 39:105.

1كور. 2:10 مىس. 22:13-20؛ 19:14، 20.

1كور. 3:10 مىس. 15:16.

| | | |
|---|---|---|
| 1كور. | 4:10 | مس. 6:17؛ چۆل. 11:20؛ زەب. 78:16-15 |
| 1كور. | 5:10 | چۆل. 26:65. |
| 1كور. | 6:10 | چۆل. 11:33،4؛ زەب. 106:14. |
| 1كور. | 7:10 | مس. 32:6. |
| 1كور. | 8:10 | چۆل. 25:1، 9؛ زەب. 106:29-28. |
| 1كور. | 9:10 | چۆل. 21:5؛ زەب. 106:14 |
| 1كور. | 10:10 | مس. 16:2؛ 17:2؛ چۆل. 14:36؛ زەب. 106:26-25 |
| 1كور. | 11:10 | رىم. 15:4؛ 1كور. 9:10؛ فىل. 4:5؛ ئىبر. 10:25. |
| 1كور. | 13:10 | 1كور. 1:8؛ 1تېس. 5:24؛ 2پېت. 2:9. |
| 1كور. | 17:10 | رىم. 12:5؛ 1كور. 12:27. |
| 1كور. | 19:10 | 1كور. 8:4. |
| 1كور. | 20:10 | لاۋ. 17:7؛ قان. 32:17. |
| 1كور. | 23:10 | 1كور. 6:12. |
| 1كور. | 24:10 | 1كور. 13:5؛ فىل. 2:4. |
| 1كور. | 26:10 | مس. 19:5؛ زەب. 24:1؛ 50:12؛ 89:11 |
| 1كور. | 27:10 | لۇقا 10:7؛ 1كور. 8:7. |
| 1كور. | 30:10 | رىم. 14:6؛ 1تىم. 4:3. |
| 1كور. | 31:10 | كول. 3:17. |
| 1كور. | 32:10-33 | رىم. 14:13؛ 1كور. 9:22. |
| 1كور. | 1:11-2 | 1كور. 4:16؛ فىل. 3:17؛ 1تېس. 1:6؛ 2تېس. 3:9. |
| 1كور. | 3:11 | يۇھ. 14:28؛ 1كور. 3:23؛ 15:27؛ ئەف. 5:23. |
| 1كور. | 6:11 | چۆل. 5:18؛ قان. 22:5. |
| 1كور. | 7:11 | يار. 1:27،26؛ 5:1؛ 9:6؛ كول. 3:10. |
| 1كور. | 8:11 | يار. 2:18، 21. |
| 1كور. | 16:11 | 1تىم. 6:4. |
| 1كور. | 19:11 | مات. 18:7؛ لۇقا 17:1؛ روس. 20:30؛ 1يۇھ. 2:19. |
| 1كور. | 20:11 | لۇقا 22:20-14. |
| 1كور. | 23:11 | مات. 26:26؛ مار. 14:22؛ لۇقا 22:19. |

1كور. 26:11 يـۇھ. 3:14؛ روس. 11:1.
1كور. 27:11 چۆل. 13:9،10؛ يـۇھ. 6:64،63،51؛ 27:13؛ 1كور. 21:10.
1كور. 28:11 2كور. 5:13.
1كور. 31:11 زەب. 5:32؛ پەند. 17:18.
1كور. 3:12 مار. 39:9؛ يـۇھ. 13:13؛ 1كور. 6:8.
1كور. 4:12 رىم. 6:12؛ 1پېت. 10:4.
1كور. 11:12 رىم. 3:12، 6؛ 1كور. 7:7؛ 2كور. 13:10؛ ئەف. 7:4.
1كور. 12:12 رىم. 4:12، 5؛ ئەف. 16:4.
1كور. 13:12 گال. 28:3.
1كور. 27:12 رىم. 5:12؛ ئەف. 23:1؛ 12:4؛ 23:5؛ كول. 24:1.
1كور. 28:12 ئەف. 20:2؛ 11:4.
1كور. 2:13 مات. 22:7؛ 20:17؛ 21:21؛ مار. 23:11؛ لۇقا 6:17؛ رىم. 7:12.
1كور. 4:13 پەند. 12:10؛ 1پېت. 8:4.
1كور. 5:13 1كور. 24:10؛ فىل. 4:2.
1كور. 6:13 2يۇھ. 4.
1كور. 12:13 2كور. 18:3.
1كور. 15:14 ئەف. 19:5؛ كول. 16:3.
1كور. 20:14 مات. 3:18؛ 14:19؛ ئەف. 14:4؛ 1پېت. 1:2، 2.
1كور. 21:14 قان. 49:28؛ يەش. 12:28-11.
1كور. 34:14 يار. 16:3؛ ئەف. 22:5؛ كول. 18:3؛ 1تىم. 12:2؛ تىت. 5:2؛ 1پېت. 1:3.
1كور. 2:15 رىم. 16:1؛ 1كور. 21:1.
1كور. 3:15 يەش. 7:53؛ دان. 26:9،24؛ 1كور. 7:5؛ 1پېت. 24:2.
1كور. 4:15 زەب. 10:16؛ يەش. 8:53، 9؛ يۇن. 1:2؛ مات. 40:12
1كور. 5:15 لۇقا 34:24؛ يـۇھ. 19:20؛ روس. 41:10.
1كور. 8:15 روس. 17:9،3؛ 11:23؛ 1كور. 1:9؛ 2كور. 2:12.
1كور. 9:15 ئەف. 8:3؛ روس. 3:8؛ 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.

| | | |
|---|---|---|
| 1كور. | 10:15 | 2كور. 23:11؛ 11:12. |
| 1كور. | 20:15 | كول. 18:1؛ 1پېت. 3:1؛ ۋەھ. 5:1. |
| 1كور. | 21:15 | يار. 17:2؛ 6:3؛ رىم. 12،18:5؛ 23:6. |
| 1كور. | 25:15 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ ئەف. 20:1؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 13:1؛ 12:10. |
| 1كور. | 27:15 | زەب. 6:8؛ مات. 27:11؛ 18:28؛ ئەف. 22:1؛ ئىبر. 8:2. |
| 1كور. | 32:15 | يەش. 13:22؛ 12:56. |
| 1كور. | 35:15 | ئەز. 3:37. |
| 1كور. | 36:15 | يـۇھ. 24:12. |
| 1كور. | 42:15 | دان. 3:12؛ مات. 43:13. |
| 1كور. | 45:15 | يار. 7:2. |
| 1كور. | 49:15 | 2كور. 11:4. |
| 1كور. | 50:15 | يـۇھ. 13:1. |
| 1كور. | 51:15 | 1تېس. 16:4. |
| 1كور. | 52:15 | مات. 31:24؛ 1تېس. 16:4. |
| 1كور. | 54:15 | يەش. 8:25. |
| 1كور. | 55:15 | هوش. 14:13؛ ئىبر. 14:2. |
| 1كور. | 57:15 | 1يۇھ. 5:5. |
| 1كور. | 2:16 | روس. 29:11؛ 2كور. 4:8؛ 1:9. |
| 1كور. | 5:16 | 2كور. 15:1. |
| 1كور. | 20:16 | رىم. 16:16؛ 2كور. 12:13؛ 1تېس. 26:5؛ 1پېت. 14:5. |

# كورىنتۇسلۇقلارغا «2»

| | | |
|---|---|---|
| 2كور. | 1:1 | فىل. 1:1. |
| 2كور. | 1:2 | رىم. 1:7؛ 1كور. 1:3؛ ئەف. 1:2؛ 1پېت. 1:2. |
| 2كور. | 1:3 | ئەف. 1:3؛ 1پېت. 1:3. |
| 2كور. | 1:4 | 2كور. 7:6. |
| 2كور. | 1:5 | زەب. 34:19؛ 94:19. |
| 2كور. | 1:6-7 | 2كور. 4:17. |
| 2كور. | 1:8 | روس. 19:23. |
| 2كور. | 1:9 | يەر. 17:5، 7. |
| 2كور. | 1:10 | 1كور. 15:31. |
| 2كور. | 1:11 | رىم. 15:30؛ 2كور. 4:15؛ فىل. 1:19. |
| 2كور. | 1:15 | 1كور. 16:5. |
| 2كور. | 1:18 | مات. 5:37؛ ياق. 5:12. |
| 2كور. | 1:22 | رىم. 8:16؛ 2كور. 5:5؛ ئەف. 1:13؛ 4:30. |
| 2كور. | 1:23 | رىم. 1:9؛ 9:1؛ 2كور. 11:31؛ گال. 1:20؛ فىل. 1:8؛ 1تېس. 2:5؛ 1تىم. 5:21؛ 2تىم. 4:1. |
| 2كور. | 1:24 | 1پېت. 5:3. |
| 2كور. | 2:3 | 2كور. 8:22؛ گال. 5:10. |
| 2كور. | 2:6 | 1كور. 5:3. |
| 2كور. | 2:12 | روس. 16:8. |
| 2كور. | 2:14 | كول. 1:27. |
| 2كور. | 2:16 | لۇقا 2:34. |
| 2كور. | 3:1 | 2كور. 5:12؛ 10:8. |
| 2كور. | 3:3 | مىس. 24:12؛ 34:1؛ يەر. 31:33؛ ئەز. 11:19؛ 36:26؛ ئىبر. 8:10. |
| 2كور. | 3:6 | 2كور. 5:18؛ ئىبر. 8:6، 8. |
| 2كور. | 3:7 | مىس. 24:12؛ 34:1،30؛ قان. 10:1. |

2كور. 13:3 مىس. 35:34؛ رىم. 4:10.
2كور. 14:3 يەش. 10:6؛ ئەز. 2:12؛ مات. 11:13؛ روس. 26:28؛
رىم. 8:11.
2كور. 16:3 مات. 11:13؛ رىم. 23:11؛ 1كور. 10:2.
2كور. 17:3 يـۇھ. 24:4.
2كور. 18:3 1كور. 12:13؛ 2كور. 7:5.
2كور. 2:4 2كور. 17:2؛ 2كور. 4:6
2كور. 3:4 2كور. 15:2؛ 2تېس. 10:2.
2كور. 4:4 يەش. 10:6؛ يـۇھ. 40:12؛ 9:14؛ فىل. 6:2؛ كول. 15:1.
ئىبر. 3:1.
2كور. 6:4 يار. 3:1؛ 2پېت. 19:1.
2كور. 7:4 1كور. 5:2؛ 2كور. 1:5.
2كور. 10:4 رىم. 17:8؛ گال. 17:6؛ فىل. 10:3؛ 2تىم. 11،12:2؛
1پېت. 13:4.
2كور. 11:4 زەب. 22:44؛ مات. 11:5؛ رىم. 36:8؛ 1كور. 9:4؛ 49:15؛
كول. 4:3.
2كور. 13:4 زەب. 10:116
2كور. 14:4 رىم. 11:8؛ 1كور. 14:6.
2كور. 15:4 2كور. 11:1.
2كور. 17:4 زەب. 5:30؛ مات. 12:5؛ رىم. 18:8؛ 1يۇھ. 2:3.
2كور. 1:5 2كور. 7:4.
2كور. 2:5 رىم. 23:8.
2كور. 3:5 ۋەھ. 18:3؛ 15:16.
2كور. 4:5 رىم. 11:8؛ 1كور. 53:15.
2كور. 5:5 رىم. 16:8؛ 2كور. 22:1؛ ئەف. 13:1؛ 30:4.
2كور. 7:5 1كور. 12:13؛ 2كور. 18:3.

| | | |
|---|---|---|
| 2كور. | 10:5 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ 32:25؛ رىم. 6:2؛ 12:14،10؛ 1كور. 3:8؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22. |
| 2كور. | 12:5 | 2كور. 1:3؛ 8:10. |
| 2كور. | 15:5 | رىم. 7:14؛ گال. 20:2؛ 1تېس. 10:5؛ 1پېت. 2:4. |
| 2كور. | 16:5 | مات. 50:12؛ يـۇھ. 14:15؛ گال. 6:5؛ 15:6؛ كول. 11:3. |
| 2كور. | 17:5 | يەش. 18:43؛ ۋەھ. 5:21. |
| 2كور. | 18:5 | كول. 20:1؛ 1يۇھ. 2:2؛ 10:4. |
| 2كور. | 19:5 | رىم. 25:3،24؛ كول. 20:1. |
| 2كور. | 20:5 | 2كور. 6:3. |
| 2كور. | 21:5 | يەش. 12:53،9؛ رىم. 3:8؛ گال. 13:3؛ 1پېت. 22:2؛ 1يۇھ. 5:3. |
| 2كور. | 1:6 | 1كور. 9:3؛ ئىبر. 15:12. |
| 2كور. | 2:6 | يەش. 8:49. |
| 2كور. | 3:6 | رىم. 13:14؛ 1كور. 32:10. |
| 2كور. | 4:6 | 1كور. 1:4؛ 2كور. 23:11. |
| 2كور. | 9:6 | زەب. 18:118؛ يەش. 19:26. |
| 2كور. | 13:6 | 1كور. 14:4. |
| 2كور. | 14:6 | قان. 2:7؛ 1سام. 1:5، 2؛ 1پاد. 8:21؛ 1كور. 9:5؛ 21:10؛ ئەف. 11:5 |
| 2كور. | 16:6 | مىس. 45:29؛ لاۋ. 12:26ـ11؛ يەر. 38:32؛ ئەز. 27:37؛ 1كور. 16:3؛ 19:6؛ 7:10، 14؛ ئەف. 21:2؛ ئىبر. 6:3؛ 1پېت. 5:2 |
| 2كور. | 17:6 | يەش. 11:52؛ ئەز. 41:20،34؛ ۋەھ. 4:18. |
| 2كور. | 18:6 | 2سام. 14:7،8 |
| 2كور. | 3:7 | 2كور. 13:6،12،11. |
| 2كور. | 4:7 | مات. 12:5؛ روس. 41:5؛ فىل. 17:2؛ كول. 24:1. |
| 2كور. | 5:7 | روس. 23:16،19. |

| | | |
|---|---|---|
| 2كور. | 6:7 | 2كور. 4:1. |
| 2كور. | 10:7 | 2سام. 13:12؛ مات. 75:26؛ لۇقا 13:18. |
| 2كور. | 4:8 | روس. 29:11؛ رىم. 26:15؛ 1كور. 2:16؛ 2كور. 1:9. |
| 2كور. | 12:8 | پەند. 28:3؛ مات. 43:12؛ لۇقا 3:21؛ 1پېت. 10:4. |
| 2كور. | 15:8 | مىس. 18:16. |
| 2كور. | 21:8 | رىم. 17:12. |
| 2كور. | 1:9 | روس. 29:11؛ رىم. 26:15؛ 1كور. 2:16؛ 2كور. 4:8. |
| 2كور. | 6:9 | پەند. 24:11؛ گال. 7:6. |
| 2كور. | 7:9 | مىس. 2:25؛ 5:35؛ قان. 7:15؛ رىم. 8:12. |
| 2كور. | 9:9 | زەب. 9:112 |
| 2كور. | 4:10 | يەر. 10:1؛ ئەف. 18:6-13. |
| 2كور. | 12:10 | 2كور. 1:3؛ 12:5. |
| 2كور. | 13:10 | ئەف. 7:4. |
| 2كور. | 17:10 | يەش. 16:65؛ يەر. 23:9-22؛ 1كور. 31:1. |
| 2كور. | 18:10 | پەند. 2:27. |
| 2كور. | 2:11 | لاۋ. 13:21. |
| 2كور. | 3:11 | يار. 4:3؛ يۇھ. 44:8. |
| 2كور. | 4:11 | گال. 8:1. |
| 2كور. | 7:11 | 1كور. 12:9. |
| 2كور. | 8:11 | روس. 33:20؛ 2كور. 13:12؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېس. 8:3. |
| 2كور. | 9:11 | فىل. 15:4. |
| 2كور. | 18:11 | 2كور. 13:10؛ 5:12، 6. |
| 2كور. | 21:11 | فىل. 4:3. |
| 2كور. | 22:11 | روس. 3:22. |
| 2كور. | 23:11 | روس. 16:9؛ 11:21؛ 1كور. 10:15؛ 2كور. 4:6. |
| 2كور. | 24:11 | قان. 3:25. |
| 2كور. | 25:11 | روس. 19:14؛ 22:16؛ 41:27،9. |
| 2كور. | 28:11 | روس. 18:20. |

2كور. 29:11 1كور. 13:8.

2كور. 31:11 رىم. 9:1؛ 9:1؛ 2كور. 23:1؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2.

2كور. 32:11 روس. 24:9.

2كور. 2:12 روس. 3:9؛ 17:22؛ 1كور. 8:15.

2كور. 11:12 1كور. 10:15.

2كور. 12:12 1كور. 2:9.

2كور. 13:12 1كور. 12:9؛ 2كور. 9:11.

2كور. 14:12 روس. 33:20.

2كور. 15:12 2كور. 12:6.

2كور. 1:13 چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 5:19؛ مات. 16:18؛ يـۇھ. 17:8؛ ئىبر. 28:10.

2كور. 5:13 1كور. 28:11.

2كور. 10:13 2كور. 8:10.

2كور. 11:13 رىم. 18:12،16؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 2:2؛ ئىبر. 14:12؛ 1پېت. 8:3

2كور. 12:13 رىم. 16:16؛ 1كور. 20:16؛ 1تېس. 26:5؛ 1پېت. 14:5.

# گالاتىيالىقلارغا

گال. 3:1 رىم. 7:1؛ 1كور. 3:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1.

گال. 4:1 مات. 28:20؛ گال. 20:2؛ ئەف. 2:5؛ تىت. 14:2؛ ئىبر. 14:9.

گال. 7:1 روس. 1:15.

گال. 8:1 2كور. 4:11.

گال. 10:1 1تېس. 4:2؛ ياق. 4:4.

| | | |
|---|---|---|
| گال. | 11:1 | 1كور. 1:15. |
| گال. | 12:1 | ئەف. 3:3. |
| گال. | 13:1 | روس. 3:8؛ 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛ فىل. 6:3؛ 1تىم. 13:1. |
| گال. | 15:1ـ16 | روس. 15:9؛ 2:13؛ مات. 17:16؛ روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 8:2؛ ئەف. 8:3. |
| گال. | 20:1 | رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ 1تېس. 5:2؛ 1تىم. 21:5؛ 2تىم. 1:4. |
| گال. | 1:2 | روس. 2:15. |
| گال. | 2:2 | روس. 21:19. |
| گال. | 3:2 | روس. 3:16؛ 1كور. 21:9. |
| گال. | 4:2 | روس. 24:15. |
| گال. | 6:2 | قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1. |
| گال. | 8:2 | روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 16:1؛ ئەف. 8:3. |
| گال. | 10:2 | روس. 30:11؛ 17:24؛ رىم. 25:15؛ 1كور. 1:16؛ 2كور. 1:8؛ 1:9. |
| گال. | 14:2 | روس. 28:10. |
| گال. | 16:2 | روس. 38:13؛ رىم. 28:3،20؛ 3:8؛ گال. 11:3؛ ئىبر. 18:7. |
| گال. | 19:2 | رىم. 4:7؛ 7:14؛ 2كور. 15:5؛ 1تېس. 10:5؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 2:4. |
| گال. | 20:2 | گال. 4:1؛ ئەف. 2:5؛ تىت. 14:2. |
| گال. | 21:2 | ئىبر. 11:7. |
| گال. | 1:3 | گال. 7:5. |
| گال. | 6:3 | يار. 6:15؛ رىم. 3:4؛ ياق. 23:2. |
| گال. | 8:3 | يار. 3:12؛ 18:18؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ روس. 25:3. |
| گال. | 10:3 | قان. 26:27. |
| گال. | 11:3 | هاب. 4:2؛ رىم. 17:1؛ 20:3؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 38:10 |
| گال. | 12:3 | لاۋ. 5:18؛ ئەز. 11:20؛ رىم. 5:10. |

| | | |
|---|---|---|
| گال. | 13:3 | قان. 23:21؛ رىم. 3:8؛ 2كور. 21:5. |
| گال. | 15:3 | ئىبر. 17:9. |
| گال. | 16:3 | گال. 8:3. |
| گال. | 17:3 | يار. 13:15؛ مىس. 40:12؛ روس. 6:7. |
| گال. | 18:3 | رىم. 14:4. |
| گال. | 19:3 | قان. 5:5؛ يـۇھ. 17:1؛ 22:15؛ روس. 38،53:7؛ رىم. 15:4؛ 20:5؛ 8:7. |
| گال. | 22:3 | رىم. 9:3؛ 32:11. |
| گال. | 24:3 | مات. 17:5؛ روس. 38:13؛ رىم. 4:10. |
| گال. | 26:3 | يەش. 5:56؛ يـۇھ. 12:1؛ رىم. 15:8؛ گال. 5:4. |
| گال. | 27:3 | رىم. 3:6. |
| گال. | 28:3 | يـۇھ. 21:17. |
| گال. | 29:3 | يار. 12:21؛ رىم. 7:9؛ ئىبر. 18:11. |
| گال. | 4:4 | يار. 16:15؛ 10:49؛ دان. 24:9؛ مات. 17:5. |
| گال. | 5:4 | يـۇھ. 12:1؛ گال. 26:3. |
| گال. | 6:4 | رىم. 15:8. |
| گال. | 8:4 | 1كور. 4:8. |
| گال. | 9:4 | كول. 20:2. |
| گال. | 10:4 | رىم. 5:14؛ كول. 16:2. |
| گال. | 14:4 | مال. 7:2؛ مات. 40:10؛ يـۇھ. 20:13. |
| گال. | 17:4 | رىم. 2:10؛ 2كور. 12:11. |
| گال. | 19:4 | 1كور. 15:4؛ فلم. 10؛ ياق. 18:1. |
| گال. | 22:4 | يار. 2،15:16؛ 2:21؛ روس. 8:7؛ ئىبر. 11:11. |
| گال. | 23:4 | يـۇھ. 39:8؛ رىم. 7:9. |
| گال. | 25:4 | مىس. 19؛ 20. |
| گال. | 26:4 | ۋەھ. 2:21. |
| گال. | 27:4 | يەش. 1:54. |
| گال. | 28:4 | رىم. 7:9، 8. |

| | | |
|---|---|---|
| گال. | 29:4 | يار. 9:21. |
| گال. | 30:4 | يار. 10:21. |
| گال. | 2-1:5 | يەش. 3:9؛ يـۇھ. 32:8؛ روس. 1:15؛ رىم. 18:6؛ 1پېت. 16:2. |
| گال. | 6:5 | مات. 50:12؛ يـۇھ. 14:15؛ 1كور. 19:7؛ 2كور. 17:5؛ گال. 15:6؛ كول. 11:3؛ 1تېس. 3:1. |
| گال. | 7:5 | گال. 1:3. |
| گال. | 9:5 | 1كور. 6:5. |
| گال. | 10:5 | 2كور. 3:2؛ 22:8. |
| گال. | 11:5 | 1كور. 23:1. |
| گال. | 12:5 | يە. 25:7. |
| گال. | 13:5 | 1كور. 9:8؛ 1پېت. 16:2؛ يەھ. 4. |
| گال. | 14:5 | لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ مار. 31:12؛ رىم. 8:13؛ ياق. 8:2. |
| گال. | 15:5 | 2كور. 20:12. |
| گال. | 16:5 | رىم. 14:13؛ 1پېت. 11:2. |
| گال. | 17:5 | رىم. 26:7-15. |
| گال. | 19:5 | 1كور. 3:3؛ ياق. 14:3. |
| گال. | 21:5 | 1كور. 10:6؛ ئەف. 5:5؛ كول. 6:3؛ ۋەھ. 15:22. |
| گال. | 22:5 | ئەف. 9:5. |
| گال. | 23:5 | 1تىم. 9:1. |
| گال. | 24:5 | رىم. 6:6؛ 14:13؛ گال. 20:2؛ 1پېت. 11:2. |
| گال. | 1:6 | رىم. 1:14؛ 1:15؛ 1كور. 22:9. |
| گال. | 2:6 | مات. 29:11؛ يـۇھ. 14:13؛ رىم. 1:15؛ 1تېس. 14:5. |
| گال. | 5:6 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22. |
| گال. | 6:6 | رىم. 27:15؛ 1كور. 11:9. |
| گال. | 7:6 | لۇقا 25:16؛ 1كور. 10:6. |
| گال. | 9:6 | 2تېـس. 13:3. |

| | | |
|---|---|---|
| گال. | 10:6 | 1تىم. 8:5. |
| گال. | 15:6 | مات. 50:12؛ يۇھ. 14:15؛ 2كور. 16:5؛ گال. 6:5؛ كول. 11:3. |
| گال. | 16:6 | زەب. 5:125. |
| گال. | 17:6 | 2كور. 10:4. |

# ئەفەسۇسلۇقلارغا

| | | |
|---|---|---|
| ئەف. | 1:1 | رىم. 7:1؛ 1كور. 2:1؛ 2كور. 1:1. |
| ئەف. | 2:1 | گال. 3:1؛ 1پېت. 2:1. |
| ئەف. | 3:1 | 2كور. 3:1؛ 1پېت. 3:1. |
| ئەف. | 4:1 | لۇقا 75:1؛ يۇھ. 16:15؛ ئەف. 27:5؛ كول. 22:1؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 12:2. |
| ئەف. | 6:1 | مات. 17:3. |
| ئەف. | 7:1 | روس. 28:20؛ كول. 14:1؛ ئىبر. 12:9؛ 1پېت. 18:1. |
| ئەف. | 9:1-10 | رىم. 25:16؛ ئەف. 9:3؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 2:1؛ 1پېت. 20:1؛ يار. 10:49؛ دان. 24:9؛ گال. 4:4. |
| ئەف. | 11:1 | رىم. 17:8. |
| ئەف. | 13:1 | رىم. 15:8؛ 2كور. 22:1؛ 5:5؛ ئەف. 30:4. |
| ئەف. | 14:1 | مىس. 5:19؛ قان. 6:7؛ 2:14؛ 18:26؛ رىم. 23:8؛ 1پېت. 9:2. |
| ئەف. | 15:1 | فىل. 3:1؛ كول. 3:1؛ 1تېس. 2:1؛ 2تېس. 3:1. |
| ئەف. | 19:1 | كول. 12:2. |
| ئەف. | 20:1 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 3:1؛ 12:10؛ 1پېت. 22:3. |
| ئەف. | 22:1 | زەب. 6:8؛ مات. 18:28؛ 1كور. 27:15؛ ئىبر. 8:2. |
| ئەف. | 23:1 | رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ ئەف. 16:4؛ 23:5. |
| ئەف. | 1:2 | رىم. 6:5؛ كول. 13:2. |

ئەف. 2:2 يۇھ. 31:12؛ 30:14؛ 11:16؛ 1كور. 11:6؛ ئەف. 12:6؛ كول. 7:3؛ تىت. 3:3.

ئەف. 5:2 روس. 11:15؛ رىم. 8:6؛ 11:8؛ كول. 1:3، 3؛ تىت. 5:3.

ئەف. 8:2 مات. 17:16؛ ئەف. 19:1.

ئەف. 9:2 رىم. 27:3؛ 1كور. 29:1.

ئەف. 10:2 2كور. 17:5؛ ئەف. 4:1؛ 24:4؛ تىت. 14:2.

ئەف. 12:2 رىم. 4:9.

ئەف. 14:2 يەش. 5:9؛ مىك. 4:5؛ يۇھ. 33:16؛ روس. 36:10؛ رىم. 1:5؛ كول. 20:1.

ئەف. 17:2 يەش. 19:57؛ ئەف. 12:3.

ئەف. 18:2 يۇھ. 9:10؛ 6:14؛ رىم. 2:5؛ ئەف. 12:3؛ ئىبر. 19:10.

ئەف. 19:2 گال. 10:6.

ئەف. 20:2 يەش. 16:28؛ مات. 18:16؛ 1كور. 10:3،9؛ 1پېت. 4:2؛ ۋەھ. 14:21

ئەف. 21:2 1كور. 19:6؛ 2كور. 16:6؛ ئەف. 16:4.

ئەف. 1:3 روس. 33:21؛ ئەف. 1:4؛ فىل. 16:1،14،13،7؛ كول. 3:4؛ 2تىم. 8:1؛ فلم. 1.

ئەف. 2:3 روس. 2:13؛ رىم. 5:1؛ ئەف. 8:3.

ئەف. 3:3 روس. 21:22،17؛ 17:26،16؛ رىم. 25:16؛ گال. 12:1،11.

ئەف. 5:3 روس. 28:10.

ئەف. 7:3 ئەف. 19:1؛ كول. 12:2.

ئەف. 8:3 روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ 1كور. 9:15؛ گال. 16:1؛ 8:2؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 15:1،11.

ئەف. 9:3 يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ يۇھ. 3:1؛ رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ كول. 16:1، 26؛ 2تىم. 10:1؛ تىت. 2:1؛ ئىبر. 2:1؛ 1پېت. 20:1.

ئەف. 10:3 1پېت. 12:1.

ئەف. 12:3 يۇھ. 9:10؛ 6:14؛ رىم. 2:5؛ ئەف. 18:2؛ ئىبر. 19:10.

| | | |
|---|---|---|
| ئەف. | 13:3 | فىل. 14:1؛ كول. 24:1؛ 1تېس. 3:3. |
| ئەف. | 16:3 | ئەف. 10:6. |
| ئەف. | 17:3 | كول. 7:2. |
| ئەف. | 20:3 | رىم. 25:16. |
| ئەف. | 1:4 | يار. 1:17؛ 1كور. 20:7؛ فىل. 27:1؛ كول. 10:1؛ 1تېس. 12:2. |
| ئەف. | 2:4 | كول. 11:1؛ 12:3؛ 1تېس. 14:5. |
| ئەف. | 5:4 | قان. 39:4؛ مال. 10:2؛ 1كور. 8:4، 6؛ لۇقا 50:12 |
| ئەف. | 7:4 | رىم. 6:12؛ 1كور. 11:12؛ 2كور. 13:10؛ 1پېت. 10:4. |
| ئەف. | 8:4 | زەب. 18:68 |
| ئەف. | 9:4 | يـۇھ. 13:3؛ 62:6؛ زەب. 15:139 |
| ئەف. | 11:4 | 1كور. 28:12. |
| ئەف. | 12:4 | رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ ئەف. 23:1؛ 23:5؛ كول. 24:1. |
| ئەف. | 14:4 | مات. 7:11؛ 1كور. 2:14. |
| ئەف. | 15:4 | ئەف. 23:5؛ كول. 18:1. |
| ئەف. | 16:4 | رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ ئەف. 21:2. |
| ئەف. | 17:4 | رىم. 9:1، 18؛ 1پېت. 3:4. |
| ئەف. | 18:4 | 1تېس. 5:4. |
| ئەف. | 22:4 | كول. 9:3؛ ئىبر. 1:12؛ 1پېت. 1:2. |
| ئەف. | 24:4 | رىم. 4:6؛ كول. 10:3؛ 1پېت. 2:4. |
| ئەف. | 25:4 | زەك. 16:8. |
| ئەف. | 26:4 | زەب. 4:4 |
| ئەف. | 27:4 | ياق. 7:4؛ 1پېت. 9:5. |
| ئەف. | 28:4 | روس. 35:20؛ 1تېس. 11:4؛ 2تېـس. 12:3،8. |
| ئەف. | 29:4 | مات. 36:12؛ ئەف. 3:5، 4. |
| ئەف. | 30:4 | لۇقا 28:21؛ رىم. 23:8،16؛ 2كور. 22:1؛ 5:5؛ ئەف. 14:1،13. |
| ئەف. | 31:4 | كول. 19:3. |

ئەف. 32:4 مات. 14:6؛ مار. 25:11؛ فىل. 1:2؛ كول. 12،13:3.
ئەف. 2ـ1:5 يۇھ. 34:13؛ 12:15؛ گال. 20:2؛ 1تېس. 9:4؛ تىت. 14:2؛ 1پېت. 18:3؛ ئىبر. 3:8؛ 14:9؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4
ئەف. 3:5 مار. 21:7؛ ئەف. 29:4؛ كول. 5:3.
ئەف. 5:5 1كور. 10:6؛ گال. 19:5؛ كول. 5:3؛ ۋەھ. 15:22.
ئەف. 6:5 يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ مار. 5:13؛ لۇقا 8:21؛ كول. 4،18:2؛ 2تېس. 3:2؛ 1يۇھ. 1:4.
ئەف. 8:5 1تېس. 4:5.
ئەف. 9:5 گال. 22:5.
ئەف. 11:5 مات. 17:18؛ 1كور. 8:5؛ 20:10؛ 2كور. 14:6؛ 2تېس. 14:3.
ئەف. 13:5 يۇھ. 20،21:3.
ئەف. 14:5 رىم. 11:13؛ 1تېس. 6:5.
ئەف. 15:5 كول. 5:4.
ئەف. 16:5 رىم. 11:13.
ئەف. 17:5 رىم. 2:12؛ 1تېس. 3:4.
ئەف. 18:5 پەند. 29:23؛ يەش. 11،22:5؛ لۇقا 34:21؛ روس. 4:2
ئەف. 19:5 كول. 16:3.
ئەف. 20:5 كول. 17:3؛ 1تېس. 18:5.
ئەف. 22:5 يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ كول. 18:3؛ تىت. 5:2؛ 1پېت. 1:3.
ئەف. 23:5 رىم. 5:12؛ 1كور. 3:11؛ 27:12؛ ئەف. 22،23:1؛ 12،15:4؛ كول. 18،24:1.
ئەف. 25:5 گال. 4:1؛ ئەف. 2:5؛ كول. 19:3.
ئەف. 26:5 تىت. 5:3؛ 1پېت. 21:3.
ئەف. 27:5 كول. 22:1.
ئەف. 30:5 رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12.

| | | |
|---|---|---|
| ئەف. | 31:5 | يار. 24:2؛ مات. 5:19؛ مار. 7:10؛ 1كور. 16:6. |
| ئەف. | 1:6 | كول. 20:3. |
| ئەف. | 2:6 | مىس. 12:20؛ قان. 16:5؛ 16:27؛ مات. 4:15؛ مار. 10:7. |
| ئەف. | 4:6 | قان. 20:6،7؛ زەب. 4:78؛ پەند. 8:19؛ 17:29. |
| ئەف. | 5:6 | كول. 22:3؛ 1تىم. 1:6؛ تىت. 9:2؛ 1پېت. 18:2. |
| ئەف. | 9:6 | قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ كول. 25:3؛ 1:4؛ 1پېت. 17:1. |
| ئەف. | 11:6 | كول. 12:3؛ 1تېس. 8:5. |
| ئەف. | 12:6 | ئەف. 2:2. |
| ئەف. | 13:6 | 2كور. 4:10. |
| ئەف. | 14:6-15 | يەش. 17:59؛ لۇقا 35:12؛ 2كور. 7:6؛ 1پېت. 13:1. |
| ئەف | 17:6 | يەش. 17:59؛ 1تېس. 8:5؛ ئىبر. 12:4؛ ۋەھ. 16:2. |
| ئەف | 18:6 | لۇقا 1:18؛ رىم. 12:12؛ كول. 2:4؛ 1تېس. 17:5. |
| ئەف | 19:6 | روس. 29:4؛ 2تېس. 1:3. |
| ئەف | 20:6 | 2كور. 20:5. |
| ئەف | 21:6 | روس. 4:20؛ كول. 7:4؛ تىت. 12:3. |
| ئەف | 22:6 | 2تىم. 12:4. |

# فىلىپپىلىقلارغا

| | | |
|---|---|---|
| فىل. | 2:1 | رىم. 7:1؛ 1پېت. 2:1. |
| فىل. | 3:1 | ئەف. 15:1؛ كول. 3:1؛ 1تېس. 2:1؛ 2تېس. 3:1. |
| فىل. | 6:1 | يۇھ. 29:6؛ 1تېس. 3:1. |
| فىل. | 7:1 | ئەف. 1:3؛ 1:4؛ كول. 18:4،3؛ 2تىم. 8:1. |
| فىل. | 8:1 | رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ 1تېس. 5:2؛ 1تىم. 21:5؛ 2تىم. 1:4. |
| فىل. | 14:1 | ئەف. 13:3؛ 1تېس. 3:3. |

| | | |
|---|---|---|
| فىل. | 19:1 | 2كور. 11:1. |
| فىل. | 20:1 | رىم. 5:5. |
| فىل. | 27:1 | يار. 1:17؛ 1كور. 20:7؛ ئەف. 1:4؛ كول. 10:1؛ 1تېس. 12:2؛ 1:4. |
| فىل. | 3-2:2 | رىم. 16:12؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 16:3؛ 1پېت. 8:3؛ رىم. 10:12؛ 1پېت. 5:5. |
| فىل. | 4:2 | 1كور. 24:10؛ 5:13. |
| فىل. | 5:2 | مات. 29:11؛ يـۇھ. 15:13؛ 1پېت. 21:2؛ 1يۇھ. 6:2. |
| فىل. | 6:2 | 2كور. 4:4؛ كول. 15:1؛ ئىبر. 3:1. |
| فىل. | 7:2 | زەب. 5:8؛ مات. 28:20؛ لۇقا 27:22؛ يـۇھ. 14:13. |
| فىل. | 8:2 | ئىبر. 2:17،14،9؛ 15:4؛ 2:12. |
| فىل. | 9:2 | روس. 33:2؛ ئىبر. 4:1. |
| فىل. | 10:2 | يەش. 23:45؛ رىم. 11:14. |
| فىل. | 11:2 | يـۇھ. 13:13؛ 1كور. 6:8؛ 3:12. |
| فىل. | 13:2 | 2كور. 5:3. |
| فىل. | 14:2 | رىم. 17:12؛ 1پېت. 12:2؛ 9:4. |
| فىل. | 15:2 | پەند. 18:4؛ مات. 14:5. |
| فىل. | 16:2 | 2كور. 14:1؛ 1تېس. 19:2. |
| فىل. | 17:2 | 2كور. 4:7. |
| فىل. | 19:2 | روس. 1:16؛ رىم. 21:16؛ 1تېس. 2:3. |
| فىل. | 21:2 | 1كور. 24:10؛ 5:13. |
| فىل. | 29:2 | 1كور. 14:9؛ گال. 6:6؛ 1تېس. 12:5؛ 1تىم. 17:5؛ ئىبر. 17:13. |
| فىل. | 1:3 | فىل. 4:4؛ ياق. 2:1؛ 1پېت. 13:4. |
| فىل. | 2:3 | يەش. 10:56. |
| فىل. | 3:3 | قان. 16:10؛ 6:30؛ يەر. 4:4؛ يـۇھ. 24:4؛ رىم. 29:2؛ كول. 11:2. |
| فىل. | 4:3 | 2كور. 21:11. |

فىل. 5:3 يار. 27:49؛ روس. 6:23؛ 2كور. 22:11.
فىل. 6:3 روس. 3:8؛ 1:9؛ 3:22، 4؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.
فىل. 7:3 مات. 44:13.
فىل. 8:3 يەش. 11:53؛ يەر. 22:9؛ يـۇھ. 3:17؛ كول. 2:2.
فىل. 9:3 رىم. 17:1؛ 21:3.
فىل. 10:3 رىم. 17:8؛ 2كور. 10:4؛ 2تىم. 12:2،11؛ 1پېت. 13:4.
فىل. 14:3 1كور. 24:9؛ 2تىم. 7:4.
فىل. 16:3 رىم. 16:12؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ گال. 16:6؛ فىل. 2:2؛
1پېت. 8:3.
فىل. 17:3 1كور. 16:4؛ 1:11؛ 1تېس. 6:1.
فىل. 18:3 رىم. 17:16.
فىل. 20:3 1كور. 7:1؛ 1تېس. 10:1؛ تىت. 13:2؛ ئىبر. 14:13.
فىل. 21:3 1كور. 51:15؛ كول. 4:3؛ 1يۇھ. 2:3.
فىل. 1:4 1تېس. 19:2.
فىل. 3:4 مىس. 32:32؛ زەب. 28:69؛ ۋەھ. 5:3؛ 12:20؛ 27:21.
فىل. 4:4 1تېس. 16:5؛ روس.25:16
فىل. 5:4 1كور. 11:10؛ ئىبر. 25:10.
فىل. 6:4 زەب. 23:55؛ مات. 25:6؛ 1تىم. 17:6،8؛ 1پېت. 7:5.
فىل. 7:4 يـۇھ. 27:14؛ رىم. 1:5؛ ئەف. 14:2.
فىل. 8:4 رىم. 13:13؛ 1تېس. 3:4، 4، 5.
فىل. 10:4 2كور. 9:11.
فىل. 11:4 1تىم. 6:6.
فىل. 12:4 1كور. 11:4؛ 2كور. 27:11.
فىل. 15:4 2كور. 9:11.
فىل. 18:4 ئىبر. 16:13.

# كولوسسلىكلەرگە

| | | |
|---|---|---|
| كول. | 1:1-2 | رىم. 1:7؛ گال. 1:3؛ ئەف. 1:2؛ 1پېت. 1:2. |
| كول. | 1:3-4 | ئەف. 1:15؛ فىل. 1:3؛ 1تېس. 1:2؛ 2تېس. 1:3. |
| كول. | 1:5 | 1پېت. 1:4. |
| كول. | 1:6 | مار. 4:8؛ يـۇھ. 15:16. |
| كول. | 1:7 | كول. 4:12؛ فلم. 23. |
| كول. | 1:9 | 1كور. 1:5؛ ئەف. 1:15. |
| كول. | 1:10 | يار. 17:1؛ يـۇھ. 15:16؛ 1كور. 7:20؛ ئەف. 4:1؛ فىل. 1:27؛ 1تېس. 2:12. |
| كول. | 1:13 | مات. 3:17؛ 17:5؛ ئەف. 2:4؛ 1تېس. 2:12؛ 2پېت. 1:17. |
| كول. | 1:14 | روس. 20:28؛ ئەف. 1:7؛ ئىبر. 9:14؛ 1پېت. 1:19. |
| كول. | 1:15 | 2كور. 4:4؛ فىل. 2:6؛ ئىبر. 1:3؛ ۋەھ. 3:14. |
| كول. | 1:16 | يار. 1:3؛ زەب. 33:6؛ يـۇھ. 1:3؛ ئەف. 3:9؛ ئىبر. 1:2. |
| كول. | 1:18 | 1كور. 15:20؛ ئەف. 1:22؛ 4:15؛ 5:23؛ ۋەھ. 1:5. |
| كول. | 1:19 | يـۇھ. 1:16،14؛ كول. 2:9. |
| كول. | 1:20 | يەش. 9:6؛ يـۇھ. 16:33؛ روس. 10:36؛ رىم. 5:1؛ 2كور. 5:18؛ ئەف. 2:14؛ 1يۇھ. 4:10. |
| كول. | 1:21-22 | لۇقا 1:75؛ ئەف. 1:4؛ 5:27؛ 2تىم. 1:9؛ تىت. 2:12. |
| كول. | 1:23 | يـۇھ. 15:6. |
| كول. | 1:24 | رىم. 12:5؛ 1كور. 12:27؛ 2كور. 7:4؛ ئەف. 3:13؛ 4:12؛ 5:23؛ فىل. 2:17؛ 2تىم. 2:10. |
| كول. | 1:25 | رىم. 16:25؛ ئەف. 1:9؛ 3:9؛ 2تىم. 1:10؛ تىت. 1:3؛ 1پېت. 1:20. |
| كول. | 1:26 | مات. 13:11. |
| كول. | 1:27 | 2كور. 2:14؛ 1تىم. 1:1. |
| كول. | 2:2 | يەش. 53:11؛ يەر. 9:22؛ يـۇھ. 17:3؛ فىل. 3:8. |
| كول. | 2:3 | 1كور. 1:24. |

| | | |
|---|---|---|
| كول. | 4:2 | ئەف. 6:5؛ كول. 18:2. |
| كول. | 5:2 | 1كور. 3:5؛ 40:14. |
| كول. | 7:2 | 1كور. 5:1؛ ئەف. 17:3. |
| كول. | 8:2 | رىم. 17:16؛ ئىبر. 9:13. |
| كول. | 10:2 | يـۇھ. 16:1. |
| كول. | 11:2 | قان. 16:10؛ يەر. 4:4؛ رىم. 29:2؛ فىل. 3:3. |
| كول. | 12:2 | رىم. 4:6؛ گال. 27:3؛ ئەف. 19:1؛ 7:3. |
| كول. | 13:2 | ئەف. 1:2. |
| كول. | 15:2 | يار. 15:3؛ مات. 29:12؛ لۇقا 22:11؛ يـۇھ. 31:12؛ 11:16. |
| كول. | 16:2 | لاۋ. 2:11؛ 2:23؛ رىم. 2:14؛ گال. 10:4. |
| كول. | 17:2 | ئىبر. 5:8؛ 1:10. |
| كول. | 18:2 | يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ ئەف. 6:5؛ 2تېس. 3:2؛ 1يۇھ. 1:4. |
| كول. | 20:2-21 | گال. 9:4. |
| كول. | 22:2 | يەش. 13:29؛ مات. 9:15؛ تىت. 14:1. |
| كول. | 23:2 | 1تىم. 8:4؛ 23:5. |
| كول. | 1:3 | ئەف. 20:1. |
| كول. | 3:3 | رىم. 2:6؛ 24:8؛ 2كور. 7:5. |
| كول. | 4:3 | فىل. 21:3؛ 1يۇھ. 2:3. |
| كول. | 5:3 | رىم. 5:7، 23؛ ئەف. 22:4؛ 3:5، 5؛ 1تېس. 5:4. |
| كول. | 6:3 | 1كور. 10:6؛ گال. 19:5؛ ئەف. 5:5؛ ۋەھ. 15:22. |
| كول. | 7:3 | 1كور. 11:6؛ ئەف. 1:2؛ تىت. 3:3. |
| كول. | 8:3 | ئەف. 22:4؛ ئىبر. 1:12؛ ياق. 21:1؛ 1پېت. 1:2. |
| كول. | 9:3 | ئەف. 25:4. |
| كول. | 10:3 | يار. 26:1؛ 1:5؛ 6:9؛ رىم. 4:6؛ 1كور. 7:11. |
| كول. | 11:3 | 1كور. 21،22:7؛ 13:12؛ گال. 28:3؛ 6:5؛ 15:6. |
| كول. | 12:3 | ئەف. 32:4؛ 11:6؛ 1تېس. 4:1. |
| كول. | 13:3 | مات. 14:6؛ مار. 25:11؛ ئەف. 32:4. |

| | | |
|---|---|---|
| كول. | 14:3 | يـۇھ. 34:13؛ 12:15؛ ئەف. 3:4؛ 2:5؛ كول. 2:2؛ 1تېس. 9:4؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4. |
| كول. | 17:3 | ئەف. 20:5؛ 1تېس. 18:5. |
| كول. | 18:3 | يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 22:5؛ تىت. 5:2؛ 1پېت. 1:3. |
| كول. | 19:3 | ئەف. 25:5. |
| كول. | 20:3 | ئەف. 1:6. |
| كول. | 22:3 | ئەف. 5:6؛ 1تىم. 1:6؛ تىت. 9:2؛ 1پېت. 18:2. |
| كول. | 1:4 | ئەف. 9:6. |
| كول. | 2:4 | لۇقا 1:18؛ رىم. 12:12؛ ئەف. 18:6؛ 1تېس. 17:5. |
| كول. | 3:4 | ئەف. 19:6؛ 2تېس. 1:3. |
| كول. | 5:4 | ئەف. 15:5، 16. |
| كول. | 6:4 | مار. 50:9. |
| كول. | 7:4 | روس. 4:20؛ ئەف. 21:6؛ 2تىم. 12:4. |
| كول. | 9:4 | فلم. 10. |
| كول. | 10:4 | روس. 37:15؛ 2:27؛ 2تىم. 11:4. |
| كول. | 12:4 | كول. 7:1؛ فلم. 23. |
| كول. | 14:4 | 2تىم. 11:4،10 |
| كول. | 18:4 | 2تېس. 17:3؛ ئىبر. 3:13. |

# تېسالونىكالىقلارغا «1»

| | | |
|---|---|---|
| 1تېس. | 1:1 | رىم. 7:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1. |
| 1تېس. | 2:1 | ئەف. 16:1؛ فىل. 3:1؛ كول. 3:1؛ 2تېس. 3:1. |
| 1تېس. | 3:1 | يـۇھ. 29:6 |
| 1تېس. | 5:1 | 1كور. 4:2؛ 20:4؛ 1تېس. 1:2. |
| 1تېس. | 6:1 | 1كور. 16:4؛ 1:11؛ فىل. 17:3؛ 2تېس. 9:3. |

1تېس. 1:9-10 روس. 1:11؛ فىل. 3:20؛ 2تېس. 1:10؛ ۋەھ. 1:7.
1تېس. 2:1 1تېس. 1:5، 9.
1تېس. 2:2 روس. 16:22؛ 17:2.
1تېس. 2:4 گال. 1:10.
1تېس. 2:5 رىم. 1:9؛ 9:1؛ 2كور. 1:23؛ 11:31؛ گال. 1:20؛ فىل. 1:8؛ 1تىم. 5:21؛ 2تىم. 4:1.
1تېس. 2:6 1كور. 9:3؛ 2تېس. 3:9.
1تېس. 2:9 روس. 18:3؛ 20:34؛ 1كور. 4:12؛ 2كور. 11:9؛ 12:13؛ 2تېس. 3:8.
1تېس. 2:11-12 يار. 17:1؛ 1كور. 7:20؛ ئەف. 4:1؛ فىل. 1:27؛ كول. 1:10.
1تېس. 2:14 روس. 17:13، 5.
1تېس. 2:15 مات. 23:37؛ لۇقا 13:34؛ روس. 7:52.
1تېس. 2:16 روس. 17:13.
1تېس. 2:18 رىم. 1:13؛ 15:22.
1تېس. 2:19 2كور. 1:14؛ فىل. 2:16؛ 4:1.
1تېس. 3:2 روس. 16:1؛ رىم. 16:21؛ فىل. 2:19.
1تېس. 3:3 روس. 14:22؛ ئەف. 3:13؛ فىل. 1:14؛ 2تىم. 3:12.
1تېس. 3:10 رىم. 1:10، 11؛ 15:23؛ 2تىم. 1:4.
1تېس. 3:13 1كور. 1:8؛ 1تېس. 5:23؛ 2تېس. 2:17.
1تېس. 4:1 فىل. 1:27؛ 1تېس. 2:12.
1تېس. 4:3 رىم. 12:2؛ ئەف. 5:27؛ فىل. 4:8.
1تېس. 4:4-5 1كور. 15:34؛ ئەف. 4:18.
1تېس. 4:7 يۇھ. 17:19؛ 1كور. 1:2.
1تېس. 4:8 لۇقا 10:16؛ 1كور. 7:40.
1تېس. 4:9 لاۋ. 19:18؛ مات. 22:39؛ يۇھ. 13:34؛ 15:12؛ ئەف. 5:2؛ 1پېت. 4:8؛ 1يۇھ. 3:23؛ 4:21.
1تېس. 4:11 روس. 20:34؛ ئەف. 4:28؛ 2تېس. 3:12، 7.
1تېس. 4:13 لاۋ. 19:28؛ قان. 14:1؛ 2سام. 12:20-23.

| | | |
|---|---|---|
| 1تېس. | 15:4 | 1كور. 15:51،22. |
| 1تېس. | 16:4 | مات. 31:24؛ 1كور. 15:52؛ 2تېس. 1:7. |
| 1تېس. | 2:5 | مات. 43:24؛ 2پېت. 3:10؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16. |
| 1تېس. | 3:5 | 2تېس. 1:9. |
| 1تېس. | 4:5 | ئەف. 5:8. |
| 1تېس. | 5:5 | لۇقا 8:16؛ رىم. 13:12؛ ئەف. 5:8. |
| 1تېس. | 6:5 | لۇقا 21:36؛ رىم. 13:13،11؛ 1كور. 15:34؛ ئەف. 5:14. |
| 1تېس. | 8:5 | يەش. 59:17؛ ئەف. 6:14. |
| 1تېس. | 10:5 | رىم. 14:7؛ 2كور. 5:15؛ گال. 2:20؛ 1پېت. 4:2. |
| 1تېس. | 12:5 | رىم. 15:27؛ 1كور. 9:11؛ 16:18؛ گال. 6:6؛ فىل. 2:29؛ 1تىم. 5:17؛ ئىبر. 13:17،7. |
| 1تېس. | 15:5 | لاۋ. 19:18؛ پەند. 20:22؛ 24:29؛ مات. 5:39؛ رىم. 12:17؛ 1كور. 6:7؛ 1پېت. 3:9. |
| 1تېس. | 16:5 | مات. 5:12؛ لۇقا 10:20؛ رىم. 12:12؛ فىل. 4:4. |
| 1تېس. | 17:5 | لۇقا 18:1؛ رىم. 12:12؛ كول. 4:2. |
| 1تېس. | 18:5 | ئەف. 5:20. |
| 1تېس. | 19:5 | 1كور. 14:30. |
| 1تېس. | 21:5 | 1يۇھ. 4:1. |
| 1تېس. | 22:5 | فىل. 4:8. |
| 1تېس. | 23:5 | 1كور. 1:8؛ فىل. 4:9؛ 1تېس. 3:13. |
| 1تېس. | 24:5 | 1كور. 1:9؛ 10:13؛ 2كور. 1:18؛ 2تېس. 3:3. |
| 1تېس. | 26:5 | رىم. 16:16؛ 1كور. 16:20؛ 2كور. 13:12؛ 1پېت. 5:14. |

# 2 تېسالونىكالىقلارغا «2»

| | |
|---|---|
| 2تېس. 2:1 | 1كور. 3:1؛ 1تېس. 1:1؛ 1پېت. 2:1. |
| 2تېس. 3:1 | ئەف. 15:1؛ فىل. 3:1؛ كول. 3:1؛ 1تېس. 2:1. |
| 2تېس. 4:1 | 1تېس. 19:2. |
| 2تېس. 5:1 | 1تېس. 14:2؛ يەھ. 6. |
| 2تېس. 6:1ـ7 | زەك. 12:2؛ 1تېس. 16:4. |
| 2تېس. 8:1 | يەر.» 25:10؛ زەب. 6:79؛ يەش. 15:66؛ رىم. 8:2؛ 2پېت. 7:3. |
| 2تېس. 9:1 | يەش. 19:2. |
| 2تېس. 10:1 | روس. 11:1؛ 1تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1. |
| 2تېس. 2:2 | يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 1يۇھ. 1:4. |
| 2تېس. 3:2 | مات. 23:24؛ 1تىم. 1:4؛ 1يۇھ. 18:2. |
| 2تېس. 4:2 | دان. 25:7؛ 11:8؛ 36:11؛ مات. 15:24؛ ۋەھ. 8:13ـ1 |
| 2تېس. 8:2 | ئايۇپ 9:4؛ يەش. 4:11. |
| 2تېس. 9:2 | قان. 2:13؛ يۇھ. 8:41؛ 2كور. 4:4؛ ئەف. 2:2؛ ۋەھ. 13:13. |
| 2تېس. 10:2 | 2كور. 15:2؛ 3:4. |
| 2تېس. 11:2 | رىم. 24:1؛ 1تىم. 1:4. |
| 2تېس. 15:2 | 2تېس. 6:3. |
| 2تېس. 16:2ـ17 | 1تېس. 13:3. |
| 2تېس. 1:3 | مات. 38:9؛ ئەف. 19:6؛ كول. 3:4. |
| 2تېس. 2:3 | يۇھ. 44:6؛ رىم. 31:15. |
| 2تېس. 3:3 | يۇھ. 15:17؛ 1تېس. 24:5. |
| 2تېس. 6:3 | 1كور. 11:5؛ 2تېس. 15:2؛ 14:3؛ تىت. 10:3. |
| 2تېس. 7:3 | 1كور. 11:1؛ 1تېس. 6:1، 7؛ 2تېس. 10:2. |
| 2تېس. 8:3 | روس. 3:18؛ 34:20؛ 1كور. 12:4؛ 2كور. 9:11؛ 13:12؛ 1تېس. 9:2. |
| 2تېس. 9:3 | 1كور. 16:4؛ 3:9، 6؛ 1:11؛ فىل. 17:3؛ 1تېس. 6:1؛ 9:2. |

| | | |
|---|---|---|
| 2تېس. | 12:3 | ئەف. 28:4؛ 1تېس. 11:4. |
| 2تېس. | 13:3 | گال. 9:6. |
| 2تېس. | 14:3 | مات. 17:18؛ 1كور. 9:5؛ 2تېس. 6:3. |
| 2تېس. | 16:3 | رىم. 33:15؛ 20:16؛ 1كور. 33:14؛ 2كور. 11:13؛ فىل. 9:4؛ 1تېس. 23:5. |
| 2تېس. | 17:3 | 1كور. 21:16؛ كول. 18:4. |

# تىموتىيغا «1»

| | | |
|---|---|---|
| 1تىم. | 1:1 | روس. 15:9؛ كول. 27:1. |
| 1تىم. | 2:1 | روس. 1:16؛ 1كور. 17:4؛ گال. 3:1؛ 1تېس. 2:3؛ 1پېت. 2:1. |
| 1تىم. | 3:1 | روس. 1:20. |
| 1تىم. | 4:1 | 1تىم. 7:4؛ 4:6، 20؛ 2تىم. 16:2؛ تىت. 14:1؛ 9:3. |
| 1تىم. | 5:1 | رىم. 8:13؛ گال. 14:5. |
| 1تىم. | 8:1 | رىم. 12:7. |
| 1تىم. | 9:1 | گال. 23:5. |
| 1تىم. | 11:1 | 1تېس. 4:2؛ 1تىم. 15:6. |
| 1تىم. | 13:1 | يۇھ. 41:9،39؛ روس. 17:3؛ 3:8؛ 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1. |
| 1تىم. | 15:1-16 | مات. 13:9؛ مار. 17:2؛ لۇقا 32:5؛ 10:19؛ 1يۇھ. 5:3. |
| 1تىم. | 18:1-19 | 1تىم. 12:6؛ 1تىم. 9:3. |
| 1تىم. | 20:1 | 1كور. 5:5؛ 2تىم. 17:2؛ 14:4. |
| 1تىم. | 2:2 | يەر. 7:29. |
| 1تىم. | 4:2 | ئەز. 23:18؛ 2پېت. 9:3. |
| 1تىم. | 5:2 | يۇھ. 3:17؛ رىم. 30:3؛ گال. 19:3؛ ئىبر. 15:9. |
| 1تىم. | 6:2 | مات. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ كول. 14:1. |

| | | |
|---|---|---|
| 1تىم. | 7:2 | روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ رىم. 1:9؛ 1:9؛ گال. 16:1؛ 8:2؛ ئەف. 3:8؛ 2تىم. 11:1. |
| 1تىم. | 8:2 | زەب. 134:2-1؛ يـۇھ. 21:4. |
| 1تىم. | 9:2 | تىت. 3:2؛ 1پېت. 3:3. |
| 1تىم. | 12:2 | يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 24:5. |
| 1تىم. | 13:2 | يار. 27:1؛ 22:2. |
| 1تىم. | 14:2 | يار. 6:3. |
| 1تىم. | 2:3 | 2تىم. 24:2؛ تىت. 6:1. |
| 1تىم. | 8:3 | روس. 3:6. |
| 1تىم. | 9:3 | 1تىم. 19:1. |
| 1تىم. | 13:3 | مات. 21:25. |
| 1تىم. | 16:3 | مار. 19:16؛ لۇقا 51:9؛ يـۇھ. 14:1؛ روس. 2:1؛ ئەف. 5:3، 6. |
| 1تىم. | 1:4 | مات. 23:24؛ 2تېـس. 3:2؛ 2تىم. 1:3؛ 2پېت. 3:3؛ يەھ. 18. |
| 1تىم. | 3:4 | يار. 29:1؛ 3:9؛ رىم. 6:14؛ 1كور. 30:10. |
| 1تىم. | 4:4 | يار. 31:1؛ روس. 15:10؛ رىم. 14:14. |
| 1تىم. | 6:4 | 2تىم. 5:1؛ 15:3،14. |
| 1تىم. | 7:4 | 1تىم. 4:1؛ 20:6؛ 2تىم. 16:2؛ تىت. 14:1؛ 9:3. |
| 1تىم. | 8:4 | كول. 23:2. |
| 1تىم. | 12:4 | تىت. 15:2،7؛ 1پېت. 3:5. |
| 1تىم. | 14:4 | روس. 6:6؛ 17:8؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 22:5؛ 2تىم. 6:1. |
| 1تىم. | 1:5 | لاۋ. 32:19. |
| 1تىم. | 4:5 | يار. 11:45،10؛ مات. 4:15؛ مار. 10:7؛ ئەف. 2:6،1. |
| 1تىم. | 5:5 | لۇقا 36:2؛ 1كور. 32:7. |
| 1تىم. | 8:5 | گال. 10:6. |
| 1تىم. | 10:5 | يار. 4:18؛ 2:19؛ لۇقا 44:7،38؛ 1پېت. 9:4. |
| 1تىم. | 13:5 | تىت. 3:2. |
| 1تىم. | 14:5 | 1كور. 9:7. |

| | | |
|---|---|---|
| 1تىم. | 17:5 | رىم. 27:15؛ 1كور. 9:11؛ گال. 6:6؛ فىل. 29:2؛ 1تېس. 12:5؛ ئىبر. 17:13. |
| 1تىم. | 18:5 | لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ مات. 10:10؛ لۇقا 7:10؛ 1كور. 9:9. |
| 1تىم. | 19:5 | قان. 15:19. |
| 1تىم. | 21:5 | قان. 4:17؛ 18:19؛ رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 27:5؛ 1تىم. 13:6. |
| 1تىم. | 22:5 | روس. 6:6؛ 17:8؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 14:4؛ 2تىم. 6:1. |
| 1تىم. | 23:5 | زەب. 15:104 |
| 1تىم. | 24:5 | گال. 19:5. |
| 1تىم. | 1:6 | ئەف. 5:6؛ كول. 22:3؛ تىت.9:2؛ 1پېت.18:2. |
| 1تىم. | 4:6 | 1تىم. 4:1؛ 2تىم. 23:2؛ تىت. 9:3. |
| 1تىم. | 5:6 | 1كور. 16:11. |
| 1تىم. | 6:6 | پەند. 16:15؛ ئىبر. 5:13. |
| 1تىم. | 7:6 | ئايۇپ 21:1؛ 19:27؛ زەب. 17:49 |
| 1تىم. | 8:6 | زەب. 23:55؛ پەند. 26:27؛ مات. 25:6؛ 1پېت. 7:5. |
| 1تىم. | 9:6 | پەند. 28:11؛ مات. 22:13؛ ياق. 1:5. |
| 1تىم. | 10:6 | مىس. 8:23؛ قان. 19:16؛ پەند. 16:15. |
| 1تىم. | 11:6 | 2تىم. 22:2. |
| 1تىم. | 12:6 | 1تىم. 18:1. |
| 1تىم. | 13:6 | قان. 39:32؛ 1سام. 6:2؛ مات. 11:27؛ يـۇھ. 37:18؛ 1تىم. 21:5. |
| 1تىم. | 15:6-16 | 1تىم. 17:1؛ ۋەھ. 14:17؛ 16:19؛ مىس. 20:33؛ قان. 12:4؛ 1يۇھ. 12:4. |
| 1تىم. | 19:6 | مات. 20:6؛ لۇقا 33:12؛ 9:16. |
| 1تىم. | 20:6 | 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 2تىم. 16:2؛ تىت. 14:1؛ 9:3. |

# تىموتىيغا «2»

2تىم. 2-1:1 گال. 3:1؛ 1تىم. 2:1؛ 1پېت. 2:1.

2تىم. 3:1 روس. 3:22؛ رىم. 9:1؛ 1تېس. 2:1؛ 10:3.

2تىم. 6:1 روس. 6:6؛ 17:8؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 14:4؛ 22:5.

2تىم. 7:1 رىم. 15:8.

2تىم. 8:1 روس. 33:21؛ رىم.16:1؛ ئەف. 1:3؛ 1:4؛ كول. 18:4؛ فلم. 1:1، 9، 13.

2تىم. 9:1 ئەف. 3:1؛ تىت. 4:3، 5، 6.

2تىم. 10:1 يەش. 8:25؛ رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ كول. 26:1؛ تىت. 2:1؛ ئىبر. 14:2؛ 1پېت. 20:1.

2تىم. 11:1 روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 15:1؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2.

2تىم. 13:1 2تىم. 14:3.

2تىم. 15:1 روس. 10:19.

2تىم. 16:1 2تىم. 19:4.

2تىم. 2:2 تىت. 5:1.

2تىم. 4:2 1كور. 25:9.

2تىم. 6:2 1كور. 10:9.

2تىم. 9:2 ئەف. 13،1:3؛ 1:4؛ فىل. 7:1؛ كول. 24:1؛ 3،18:4؛ 2تىم. 8:1.

2تىم. 11:2 رىم. 8:6.

2تىم. 12:2 مات. 33:10؛ مار. 38:8؛ لۇقا 26:9؛ 9:12؛ رىم. 17:8؛ 2كور. 10:4؛ فىل. 10:3؛ 1پېت. 13:4.

2تىم. 13:2 چۆل. 19:23؛ رىم. 3:3؛ 6:9.

2تىم. 16:2 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 20:6؛ تىت. 14:1؛ 9:3.

2تىم. 19:2 چۆل. 5:16؛ يـۇھ. 14:10.

2تىم. 20:2 رىم. 21:9.

2تىم. 22:2 1تىم. 11:6.
2تىم. 23:2 1تىم. 4:1؛ 4:6؛ تىت. 9:3.
2تىم. 24:2 1تىم. 2:3.
2تىم. 25:2 پەند. 8:36؛ 9:12؛ 11:17؛ گال. 1:6.
2تىم. 1:3 1تىم. 1:4؛ 2پېت. 3:2؛ يەھ. 18.
2تىم. 5:3 مات. 17:18؛ رىم. 17:16؛ 2تېس. 6:3؛ تىت. 10:3؛ 2يۇھ. 10.
2تىم. 6:3 مات. 14:23؛ تىت. 11:1.
2تىم. 8:3 مىس. 11:7.
2تىم. 10:3-11 زەب. 19:34؛ روس. 50:13؛ 19:14؛ 2كور. 10:1
2تىم. 12:3 مات. 24:16؛ لۇقا 26:24؛ يۇھ. 14:17؛ روس. 22:14؛ 1تېس. 3:3.
2تىم. 16:3 2پېت. 21:1.
2تىم. 1:4 رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 1تىم. 21:5؛ 13:6.
2تىم. 6:4 2پېت. 14:1.
2تىم. 8:4 1كور. 25:9؛ 1پېت. 4:5.
2تىم. 10:4 كول. 14:4؛ فىلم. 24.
2تىم. 11:4 روس. 37:15؛ كول. 14:4،10؛ فىلم. 24.
2تىم. 12:4 روس. 4:20؛ كول. 7:4.
2تىم. 14:4 1تىم. 20:1.
2تىم. 19:4 روس. 2:18؛ رىم. 3:16.
تىت. 2:1 چۆل. 19:23؛ رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 13:2؛ 1پېت. 20:1.
تىت. 3:1 روس. 24:20؛ 2كور. 12:2؛ 14:7؛ 16:8،6؛ گال. 1:1؛ 3:2.
تىت. 4:1 ئەف. 2:1؛ كول. 2:1؛ 2تىم. 2:1؛ 1پېت. 2:1.
تىت. 5:1 2تىم. 2:2.
تىت. 6:1 1تىم. 2:3.

| | | |
|---|---|---|
| تىت. | 7:1 | لاۋ. 9:10؛ مات. 45:24؛ 1كور. 1:4؛ ئەف. 18:5؛ 1تىم. 15:3،3؛ 1پېت. 2:5. |
| تىت. | 8:1 | 1تىم. 2:3. |
| تىت. | 10:1 | روس. 1:15. |
| تىت. | 11:1 | مات. 14:23؛ 2تىم. 6:3. |
| تىت. | 13:1-14 | يەش. 13:29؛ مات. 9:15؛ كول. 22:2؛ 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 20:6. |
| تىت. | 15:1 | مات. 11:15؛ 25:23؛ روس. 15:10؛ رىم. 20،23:14. |
| تىت. | 3:2 | 1تىم. 9:2؛ 13:5؛ 1پېت. 3:3. |
| تىت. | 4:2-5 | يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 22:5؛ كول. 18:3؛ 1پېت. 1:3. |
| تىت. | 7:2 | 1تىم. 12:4؛ 1پېت. 3:5. |
| تىت. | 8:2 | 1پېت. 12،15:2؛ 16:3. |
| تىت. | 9:2 | ئەف. 5:6؛ كول. 22:3؛ 1تىم. 1:6، 2؛ 1پېت. 18:2. |
| تىت. | 12:2 | ئەف. 4:1. كول. 22:1؛ 2تىم. 9:1؛ 1يۇھ. 16:2. |
| تىت. | 13:2 | 1كور. 7:1؛ فىل. 20:3. |
| تىت. | 14:2 | گال. 4:1؛ 20:2؛ ئەف. 10:2؛ 2:5؛ ئىبر. 14:9. |
| تىت. | 15:2 | 1تىم. 12:4. |
| تىت. | 1:3 | رىم. 1:13، 7-3؛ 1پېت. 13:2. |
| تىت. | 2:3 | فىل. 5:4؛ 2تىم. 24،25:2. |
| تىت. | 3:3 | 1كور. 11:6؛ ئەف. 1:2؛ كول. 7:3؛ 1پېت. 3:4. |
| تىت. | 5:3 | روس. 11:15؛ رىم. 20:3، 28؛ 2:4، 6؛ 11:9؛ 6:11؛ گال. 16:2؛ ئەف. 4:1؛ 4:2، 9؛ 2تىم. 9:1. |
| تىت. | 6:3 | ئەز. 25:36. |
| تىت. | 9:3 | 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 20:6؛ تىت. 14:1. |
| تىت. | 10:3 | مات. 17:18؛ رىم. 17:16؛ 2تېس. 6:3؛ 2تىم. 5:3؛ 2يۇھ. 10. |
| تىت. | 12:3 | روس. 4:20؛ ئەف. 21:6؛ 2تىم. 12:4. |
| تىت. | 13:3 | روس. 24:18؛ 1كور. 12:1. |

# فلىمونغا

| | | |
|---|---|---|
| فلم. | 1:1 | ئەف. 1:3؛ 1:4. |
| فلم. | 2:1 | رىم. 5:16؛ 1كور. 19:16؛ كول. 17:4،15. |
| فلم. | 4:1-5 | 1تېس. 2:1؛ 2تېس. 3:1. |
| فلم. | 10:1 | 1كور. 15:4. گال. 19:4؛ كول. 9:4. |
| فلم. | 15:1 | يار.20:50؛ 1تېس.13:4. |
| فلم. | 22:1 | فىل. 25:1. |
| فلم. | 23:1 | كول. 7:1؛ 12:4. |
| فلم. | 24:1 | روس. 25:12،12؛ 37:15؛ كول. 10:4؛ 2تىم. 11:4؛ 1پېت. 13:5؛ روس. 29:19؛ 20:4؛ 27:2؛ كول. 14:4،10؛ 2تىم. 11:4،10. |

# ئىبرانىيلارغا

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 2:1 | يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ مات. 38:21؛ يـۇھ. 3:1؛ ئەف. 9:3؛ كول. 16:1. |
| ئىبر. | 3:1 | 2كور. 4:4؛ فىل. 6:2؛ كول. 15:1. |
| ئىبر. | 5:1 | 2سام. 14:7؛ 1تار. 13:17؛ 10:22؛ زەب. 7:2؛ روس. 33:13؛ ئىبر. 5:5. |
| ئىبر. | 6:1 | زەب. 7:97؛ قان. 43:32؛ لۇقا 14:2-8 |
| ئىبر. | 7:1 | زەب. 4:104 |
| ئىبر. | 8:1 | زەب. 6:45 |
| ئىبر. | 9:1 | زەب. 6:45، 7. |
| ئىبر. | 10:1 | زەب. 27:102-25 |
| ئىبر. | 11:1 | يەش. 6:51؛ 2پېت. 10:3،7. |
| ئىبر. | 12:1 | زەب. 27:102-25 |

ئىبر. 13:1 زەب. 1:110؛ روس. 2:34؛ 1كور. 15:25؛ ئەف. 1:20؛ ئىبر. 10:12.
ئىبر. 2:2 يار. 17،26:19؛ قان. 26:27؛ روس. 53:7؛ گال. 19:3.
ئىبر. 3:2 مات. 17:4؛ مار. 14:1؛ ئىبر. 25:12.
ئىبر. 4:2 مار. 20:16؛ روس. 3:14؛ 11:19.
ئىبر. 6:2 زەب. 4:8
ئىبر. 7:2 زەب. 6:8ـ5
ئىبر. 8:2 زەب. 8:8؛ مات. 18:28؛ 1كور. 27:15؛ ئەف. 22:1.
ئىبر. 9:2 زەب. 5:8؛ روس. 33:2؛ فىل. 7:2، 8.
ئىبر. 11:2 روس. 26:17.
ئىبر. 12:2 زەب. 22:22؛ 49:18؛ 9:40
ئىبر. 13:2 يەش. 17،18:8.
ئىبر. 14:2 يەش. 8:25؛ هوش. 14:13؛ يـۇھ. 14:1؛ 1كور. 54:15؛ فىل. 7:2؛ 2تىم. 10:1.
ئىبر. 15:2 رىم. 15:8.
ئىبر. 17:2 فىل. 7:2؛ ئىبر. 15:4.
ئىبر. 18:2 ئىبر. 15،16:4.
ئىبر. 1:3 ئىبر. 14:4؛ 20:6؛ 1:8؛ 11:9.
ئىبر. 2:3 چۆل. 7:12.
ئىبر. 4:3 2كور. 17،18:5؛ ئەف. 10:2.
ئىبر. 5:3 قان. 15،18:18.
ئىبر. 6:3 رىم. 2:5؛ 1كور. 16:3؛ 19:6؛ 2كور. 16:6؛ 1پېت. 5:2.
ئىبر. 7:3 زەب. 7:95؛ ئىبر. 7:4.
ئىبر. 8:3 مىس. 2:17.
ئىبر. 11:3 چۆل. 23:14ـ21؛ قان. 34:1؛ زەب. 11:95ـ7.
ئىبر. 15:3 ئىبر. 7:3.
ئىبر. 17:3 چۆل. 36:14؛ زەب. 26:106؛ 1كور. 10:10؛ يەھ. 5.
ئىبر. 18:3 قان. 34:1.

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 3:4 | زەب. 11:95 |
| ئىبر. | 4:4 | يار. 2:2؛ مىس. 11:20؛ 17:31. |
| ئىبر. | 5:4 | زەب. 11:95 |
| ئىبر. | 7:4 | زەب. 8:95-7؛ ئىبر. 7:3. |
| ئىبر. | 12:4 | توپ. 11:12؛ يەش. 2:49؛ ئەف. 17:6. |
| ئىبر. | 13:4 | زەب. 15:33-13 |
| ئىبر. | 14:4 | ئىبر. 1:3؛ 20:6؛ 1:8؛ 11:9. |
| ئىبر. | 15:4 | يەش. 9:53؛ 2كور. 21:5؛ فىل. 7:2؛ ئىبر. 18:2؛ 1پېت. 22:2؛ 1يۇھ. 5:3. |
| ئىبر. | 16:4 | رىم. 25:3. |
| ئىبر. | 3:5 | لاۋ. 7:9؛ 6:16؛ ئىبر. 26:7. |
| ئىبر. | 4:5 | مىس. 1:28؛ 1تار. 13:23؛ 2تار. 16:26. |
| ئىبر. | 5:5 | زەب. 7:2؛ روس. 33:13؛ ئىبر. 5:1. |
| ئىبر. | 6:5 | زەب. 4:110؛ ئىبر. 17:7. |
| ئىبر. | 7:5 | مات. 39:26؛ 46،50:27؛ يۇھ. 1:17. |
| ئىبر. | 8:5 | فىل. 6:2. |
| ئىبر. | 12:5 | 1كور. 1:3، 2، 3. |
| ئىبر. | 3:6 | روس. 21:18؛ 1كور. 19:4؛ ياق. 15:4. |
| ئىبر. | 6-4:6 | مات. 31:12؛ ئىبر. 26:10؛ 1يۇھ. 16:5. |
| ئىبر. | 10:6 | پەند. 31:14؛ مات. 42:10؛ 40:25؛ مار. 41:9؛ يۇھ. 20:13. |
| ئىبر. | 14:6 | يار. 3:12؛ 4:17؛ 17:22-16؛ زەب. 9:105-8؛ لۇقا 73:1. |
| ئىبر. | 16:6 | مىس. 11:22. |
| ئىبر. | 20:6 | ئىبر. 1:3؛ 14:4؛ 1:8؛ 11:9. |
| ئىبر. | 1:7 | يار. 20:14-17. |
| ئىبر. | 5:7 | چۆل. 21:18؛ قان. 1:18؛ يە. 4:14؛ 2تار. 5:31. |
| ئىبر. | 6:7 | يار. 20:14. |
| ئىبر. | 11:7 | گال. 21:2. |

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 14:7 | يەش. 1:11؛ مات. 3:1. |
| ئىبر. | 17:7 | زەب. 4:110؛ ئىبر. 6:5. |
| ئىبر. | 19:7 | يـۇھ. 17:1؛ روس. 39:13؛ رىم. 21،28:3؛ 3:8؛ گال. 16:2. |
| ئىبر. | 21-20:7 | زەب. 4:110. |
| ئىبر. | 25:7 | 1تىم. 5:2؛ 1يۇھ. 1:2. |
| ئىبر. | 27:7 | لاۋ. 7:9؛ 6:16؛ ئىبر. 3:5. |
| ئىبر. | 1:8 | ئەف. 20:1؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 1:3؛ 14:4؛ 20:6؛ 11:9؛ 2:12. |
| ئىبر. | 3:8 | ئەف. 2:5. |
| ئىبر. | 5:8 | مىس. 40:25؛ روس. 44:7؛ كول. 17:2؛ ئىبر. 1:10. |
| ئىبر. | 6:8 | 2كور. 6:3. |
| ئىبر. | 8:8 | يەر. 31-34:31. |
| ئىبر. | 11:8 | يـۇھ. 45،65:6؛ 1يۇھ. 27:2. |
| ئىبر. | 12:8 | يەر. 31-34:31. |
| ئىبر. | 2:9 | مىس. 1:26؛ 1:36؛ لاۋ. 5:24. |
| ئىبر. | 4:9 | مىس. 10:25؛ 29:34؛ چۆل. 25:17؛ 1پاد. 9:8؛ 2تار. 10:5. |
| ئىبر. | 5:9 | مىس. 22:25. |
| ئىبر. | 6:9 | چۆل. 3:28. |
| ئىبر. | 7:9 | مىس. 10:30؛ لاۋ. 2،34:16؛ ئىبر. 25:9. |
| ئىبر. | 8:9 | يـۇھ. 6:14. |
| ئىبر. | 10:9 | لاۋ. 2:11؛ چۆل. 7-22:19. |
| ئىبر. | 11:9 | ئىبر. 1:3؛ 14:4؛ 20:6؛ 1:8. |
| ئىبر. | 12:9 | روس. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ كول. 14:1؛ ئىبر. 10:10؛ 1پېت. 19:1؛ ۋەھ. 5:1؛ 9:5 |
| ئىبر. | 13:9 | لاۋ. 14:16؛ چۆل. 4:19؛ ئىبر. 4:10. |
| ئىبر. | 14:9 | لۇقا 74:1؛ رىم. 13:6؛ گال. 4:1؛ 20:2؛ ئەف. 2:5؛ تىت. 14:2؛ 1پېت. 2:4؛ 1يۇھ. 7:1؛ ۋەھ. 5:1. |
| ئىبر. | 15:9 | رىم. 6:5؛ 1پېت. 18:3. |

ئىبر. 17:9 گال. 15:3.
ئىبر. 20:9 مىس. 8:24؛ مات. 28:26.
ئىبر. 25:9 مىس. 10:30؛ لاۋ. 2،34:16؛ ئىبر. 7:9.
ئىبر. 28:9 رىم. 6:5، 8؛ 1پېت. 18:3.
ئىبر. 1:10 كول. 17:2؛ ئىبر. 5:8.
ئىبر. 4:10 لاۋ. 14:16؛ چۆل. 4:19؛ ئىبر. 13:9.
ئىبر. 5:10 زەب. 6:40؛ يەش. 11:1؛ يەر. 20:6؛ ئام. 21:5.
ئىبر. 7:10 زەب. 7:40، 8.
ئىبر. 10:10 ئىبر. 12:9.
ئىبر. 12:10 زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئەف. 20:1؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 13:1.
ئىبر. 16:10 يەر. 34:31-31؛ رىم. 27:11؛ ئىبر. 8:8.
ئىبر. 17:10 يەر. 33،34:31.
ئىبر. 19:10 يـۇھ. 9:10؛ 6:14؛ رىم. 2:5؛ ئەف. 13:2؛ 12:3.
ئىبر. 22:10 ئەز. 25:36.
ئىبر. 26:10 چۆل. 30:15؛ مات. 31:12؛ ئىبر. 4:6؛ 2پېت. 20:2؛ 1يۇھ. 16:5.
ئىبر. 28:10 چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 15:19؛ مات. 16:18؛ 2كور. 1:13.
ئىبر. 30:10 قان. 35:32، 36؛ رىم. 19:12.
ئىبر. 34:10 مات. 12:5؛ روس. 33:21.
ئىبر. 36:10 لۇقا 19:21.
ئىبر. 37:10 هاب. 3:2-2؛ هاگ. 7:2؛ 1پېت. 6:1؛ 10:5.
ئىبر. 38:10 هاب. 4:2؛ رىم. 17:1؛ گال. 11:3.
ئىبر. 3:11 يار. 1:1؛ زەب. 6:33؛ يـۇھ. 10:1؛ رىم. 17:4؛ ئەف. 9:3؛ كول. 16:1.
ئىبر. 4:11 يار. 4:4؛ مات. 35:23.
ئىبر. 5:11 يار. 22،24:5.
ئىبر. 7:11 يار. 13:6.

ئىبر. 8:11 يار. 4:12.

ئىبر. 11:11 يار. 17:19؛ 21:2؛ لۇقا 36:1.

ئىبر. 12:11 يار. 15:5؛ 22:17؛ رىم. 18:4.

ئىبر. 13:11 يار. 23:4؛ 47:9؛ يـۇھ. 53:8.

ئىبر. 16:11 مىس. 6:3؛ مات. 22:32؛ روس. 32:7.

ئىبر. 17:11-18 يار. 22:10؛ يار. 21:12؛ رىم. 7:9؛ گال. 29:3.

ئىبر. 20:11 يار. 27:39،28.

ئىبر. 21:11 يار. 47:31؛ 48:15.

ئىبر. 22:11 يار. 50:24.

ئىبر. 23:11 مىس. 2:2؛ روس. 20:7.

ئىبر. 25:11 زەب. 84:10

ئىبر. 28:11 مىس. 12:21.

ئىبر. 29:11 مىس. 14:22.

ئىبر. 30:11 يە. 6:20.

ئىبر. 31:11 يە. 2:1؛ 6:23؛ ياق. 2:25.

ئىبر. 32:11 هاك. 4:6؛ 6:11؛ 11:1؛ 12:7؛ 13:24؛ 1سام. 17:45؛
1سام. 12:2.

ئىبر. 33:11 هاك. 14:6؛ 1سام. 17:34؛ دان. 6:23.

ئىبر. 34:11 1سام. 20:1؛ 1پاد. 19:3؛ 2پاد. 6:16؛ ئايۇپ 42:10؛
زەب. 66:12؛ يەش. 38:21؛ يو. 3:10

ئىبر. 35:11 1پاد. 17:23؛ 2پاد. 4:36؛ روس. 22:25.

ئىبر. 36:11 يەر. 20:2.

ئىبر. 37:11 1پاد. 21:13؛ 2پاد. 1:8؛ مات. 3:4.

ئىبر. 1:12-2 رىم. 6:4؛ 12:12؛ 1كور. 9:24؛ ئەف. 4:22؛ كول. 3:8؛
ئىبر. 10:36؛ 1پېت. 2:1، 2؛ لۇقا 24:26؛ فىل. 2:11-8؛
ئىبر. 1:3؛ 8:1؛ 1پېت. 1:11.

ئىبر. 4:12 1كور. 10:13.

ئىبر. 5:12 ئايۇپ 5:17؛ پەند. 3:12-11؛ ۋەھ. 3:19.

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 6:12 | پەند. 11:3،12. |
| ئىبر. | 12:12 | يەش. 3:35. |
| ئىبر. | 14:12 | رىم. 18:12؛ 2تىم. 22:2. |
| ئىبر. | 15:12 | قان. 17:29؛ روس. 13:17؛ 2كور. 1:6؛ گال. 12:5. |
| ئىبر. | 16:12 | يار. 33:25؛ ئەف. 3:5؛ كول. 5:3؛ 1تېس. 3:4. |
| ئىبر. | 17:12 | يار. 36:27. |
| ئىبر. | 18:12 | مىس. 10:19،16؛ 21:20؛ قان. 22:5. |
| ئىبر. | 19:12 | مىس. 19:20؛ قان. 25:5؛ 16:18. |
| ئىبر. | 20:12 | مىس. 13:19. |
| ئىبر. | 21:12 | قان. 19:9. |
| ئىبر. | 22:12 | گال. 26:4؛ ۋەھ. 12:3؛ 27:21ـ10. |
| ئىبر. | 23:12 | لۇقا 20:10. |
| ئىبر. | 24:12 | يار. 10:4؛ ئىبر. 22:10؛ 4:11؛ 1پېت. 2:1. |
| ئىبر. | 25:12 | ئىبر. 3:2. |
| ئىبر. | 26:12 | ھاگ. 5:2. |
| ئىبر. | 28:12 | 1پېت. 5:2. |
| ئىبر. | 29:12 | قان. 24:4. |
| ئىبر. | 1:13 | رىم. 10:12؛ ئەف. 3:4؛ 1پېت. 22:1؛ 17:2؛ 8:4. |
| ئىبر. | 2:13 | يار. 1:18؛ 1:19؛ رىم. 13:12؛ 1پېت. 9:4. |
| ئىبر. | 3:13 | مات. 36:25. |
| ئىبر. | 5:13 | يار. 15:28؛ مىس. 8:23؛ قان. 19:16؛ 6:31، 8؛ يە. 5:1؛ 1تار. 20:28؛ پەند. 16:15؛ فىل. 11:4؛ 1تىم. 6:6، 8. |
| ئىبر. | 6:13 | زەب. 4:54؛ 4:56؛ 7:118ـ6 |
| ئىبر. | 7:13 | ئىبر. 17:13. |
| ئىبر. | 9:13 | يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ يۇھ. 27:6؛ رىم. 17:14؛ 17:16؛ ئەف. 14:4؛ 6:5؛ كول. 16:2؛ 2تېس. 2:2؛ 2تىم. 3:4؛ 1يۇھ. 1:4. |
| ئىبر. | 11:13 | مىس. 14:29؛ لاۋ. 21:4؛ 30:6؛ 27:16؛ چۆل. 3:19. |

ئىبر. 12:13 يـۇھ. 17:19،18.
ئىبر. 14:13 فىل. 20:3.
ئىبر. 15:13 هوش. 3:14.
ئىبر. 16:13 فىل. 18:4.
ئىبر. 17:13 ئەز. 18:3؛ 8:33؛ فىل. 29:2؛ 1تېس. 12:5؛ 1تىم. 17:5.
ئىبر. 20:13 يەش. 11:40؛ ئەز. 23:34؛ يـۇھ. 11:10؛ 1پېت. 4:5.
ئىبر. 21:13 2كور. 5:3؛ فىل. 13:2.

# ياقۇپ

ياق. 1:1 روس. 1:8؛ 1پېت. 1:1.
ياق. 2:1 مات. 11:5؛ رىم. 3:5؛ 1پېت. 6:1.
ياق. 3:1 رىم. 3:5؛ 1پېت. 7:1.
ياق. 5:1 پەند. 3:2؛ يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛
يـۇھ. 24:16؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5.
ياق. 11:1 يەش. 6:40، 7؛ 1كور. 31:7؛ ياق. 14:4؛ 1پېت. 24:1؛
1يۇھ. 17:2.
ياق. 12:1 ئايۇپ 17:5؛ مات. 22:10؛ 28:19، 29؛ 2تىم. 8:4؛
1پېت. 4:5؛ ۋەھ. 10:2.
ياق. 17:1 پەند. 6:2؛ يەش. 27:14؛ 10:46؛ مال. 6:3؛
رىم. 29:11؛ 1كور. 7:4.
ياق. 18:1 1كور. 15:4؛ گال. 19:4؛ 1پېت. 23:1.
ياق. 19:1 پەند. 27:17؛ توپ. 1:5.
ياق. 21:1 رىم. 12:13؛ كول. 8:3.
ياق. 22:1 مات. 21:7؛ لۇقا 28:11؛ رىم. 13:2؛ 1يۇھ. 7:3.
ياق. 23:1-24 لۇقا 47:6.
ياق. 25:1 مات. 19:5.

ياق. 26:1 زەب. 13:34؛ ياق. 6:3؛ 1پېت. 10:3.
ياق. 1:2 لاۋ. 15:19؛ قان. 19:16؛ پەند. 23:24؛ مات. 16:22.
ياق. 5:2 مىس. 6:20؛ 1سام. 30:2؛ پەند. 17:8؛ مات. 3:5؛
يۇھ. 48:7؛ 1كور. 29:1-26.
ياق. 8:2 لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ مار. 31:12؛ رىم. 9:13؛
گال. 14:5؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4.
ياق. 10:2 قان. 26:27؛ مات. 19:5؛ گال. 10:3.
ياق. 11:2 مىس. 13:20،14؛ قان. 18:5،17؛ مات. 27:5.
ياق. 13:2 مات. 15:6؛ 35:18؛ مار. 25:11؛ لۇقا 25:16.
ياق. 14:2 مات. 26:7؛ ياق. 23:1.
ياق. 15:2-16 لۇقا 11:3؛ 1يۇھ. 17:3.
ياق. 21:2 يار. 10:22.
ياق. 23:2 يار. 6:15؛ رىم. 3:4؛ گال. 6:3.
ياق. 25:2 يە. 1:2؛ 23:6؛ ئىبر. 31:11.
ياق. 1:3 مات. 1:7؛ 8:23؛ لۇقا 37:6.
ياق. 2:3 زەب. 13:34؛ ياق. 26:1.
ياق. 5:3 پەند. 18:12؛ 2:15.
ياق. 13:3 ئەف. 8:5.
ياق. 14:3 رىم. 13:13.
ياق. 15:3 1كور. 6:2، 7.
ياق. 16:3 1كور. 3:3؛ گال. 20:5.
ياق. 1:4 رىم. 23:7؛ 1پېت. 11:2.
ياق. 3:4 مات. 22:20؛ رىم. 26:8.
ياق. 4:4 يۇھ. 9:15؛ گال. 10:1؛ 1يۇھ. 15:2.
ياق. 5:4 چۆل. 29:11.
ياق. 6:4 پەند. 34:3؛ 1پېت. 5:5.
ياق. 7:4 ئەف. 27:4؛ 1پېت. 9:5.
ياق. 9:4 مات. 4:5.

| | | |
|---|---|---|
| ياق. | 10:4 | ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 11:14؛ 14:18؛ 1پېت. 6:5. |
| ياق. | 13:4 | لۇقا 18:12. |
| ياق. | 14:4 | يەش. 6:40؛ 1كور. 31:7؛ ياق. 10:1؛ 1پېت. 24:1؛ 1يۇھ. 17:2. |
| ياق. | 15:4 | روس. 21:18؛ 1كور. 19:4؛ ئىبر. 3:6. |
| ياق. | 17:4 | لۇقا 47:12. |
| ياق. | 1:5 | پەند. 28:11؛ ئام. 1:6؛ لۇقا 24:6؛ 1تىم. 9:6. |
| ياق. | 3:5 | مات. 19:6؛ رىم. 5:2. |
| ياق. | 4:5 | لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24. |
| ياق. | 5:5 | ئايۇپ 13:21؛ لۇقا 19:16،25. |
| ياق. | 11:5 | چۆل. 18:14؛ ئايۇپ 21:1، 22؛ 17:42-10؛ زەب. 9:103-8؛ مات. 11:5. |
| ياق. | 12:5 | مات. 34:5؛ 2كور. 17:1، 18. |
| ياق. | 13:5 | ئەف. 19:5؛ كول. 16:3. |
| ياق. | 14:5 | مار. 13:6. |
| ياق. | 17:5 | 1پاد. 1:17؛ لۇقا 25:4. |
| ياق. | 18:5 | 1پاد. 45:18. |
| ياق. | 19:5 | مات. 15:18؛ گال. 1-2:6 |
| ياق. | 20:5 | پەند. 12:10؛ 30:11؛ 1پېت. 8:4. |

# پېترۇس «1»

1پېت. 1:1 ياق. 1:1.
1پېت. 2:1 رىم. 7:1؛ 1كور. 3:1؛ گال. 3:1؛ ئەف. 2:1؛ 2پېت. 2:1؛ يەھ. 2.
1پېت. 3:1 رىم. 23:6؛ 1كور. 20:15؛ 2كور. 3:1؛ ئەف. 3:1؛ ياق. 18:1.
1پېت. 4:1 كول. 5:1؛ 2تىم. 12:1.
1پېت. 6:1 رىم. 3:5؛ ئىبر. 37:10؛ 1پېت. 10:5؛ ياق. 2:1.
1پېت. 7:1 يەش. 10:48؛ 1كور. 13:3؛ ياق. 3:1؛ 1پېت. 12:4.
1پېت. 8:1 يـۇھ. 29:20.
1پېت. 10:1 يار. 10:49؛ دان. 44:2؛ ھاگ. 8:2؛ زەك. 12:6.
1پېت. 11:1 زەب. 6:22؛ يەش. 3:53؛ دان. 24:9.
1پېت. 12:1 روس. 4:2؛ ئەف. 10:3.
1پېت. 13:1 لۇقا 35:12؛ ئەف. 14:6.
1پېت. 15:1 لۇقا 75:1.
1پېت. 16:1 لاۋ. 44:11،45؛ 2:19؛ 7:20.
1پېت. 17:1 قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3.
1پېت. 18:1 1كور. 20:6؛ 23:7.
1پېت. 19:1 روس. 28:20؛ ئىبر. 12:9؛ ۋەھ. 5:1.
1پېت. 20:1 رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 2:1.
1پېت. 21:1 روس. 33:2؛ فىل. 9:2.
1پېت. 22:1 رىم. 10:12؛ ئەف. 3:4؛ ئىبر. 1:13؛ 1پېت. 17:2.
1پېت. 23:1 ياق. 18:1؛ 1يۇھ. 9:3.
1پېت. 24:1 يەش. 8:40-6؛ 1كور. 31:7؛ ياق. 10:1؛ 14:4؛ 1يۇھ. 17:2.
1پېت. 1:2 مات. 3:18؛ رىم. 4:6؛ 1كور. 20:14؛ ئەف. 23:4؛ كول. 8:3؛ ئىبر. 1:12.

1پېت. 2:2-3 زەب. 8:34
1پېت. 4:2 ئەف. 20:2.
1پېت. 5:2 رىم. 1:12؛ ئىبر. 6:3؛ 28:12؛ ۋەھ. 1:6؛ 10:5.
1پېت. 6:2 يەش. 16:28.
1پېت. 7:2-8 زەب. 22:118؛ مات. 42:21؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ يەش. 14:8.
1پېت. 9:2 مىس. 5:19؛ قان. 6:7؛ 2:14؛ 18:26؛ ئەف. 14:1؛ ۋەھ. 6:1؛ 10:5.
1پېت. 10:2 هوش. 1:2؛ 25:2؛ رىم. 26:9.
1پېت. 11:2 رىم. 14:13؛ گال. 16:5.
1پېت. 12:2 مات. 16:5؛ لۇقا 68:1؛ 44:19؛ رىم. 17:12؛ 2كور. 21:8؛ فىل. 15:2؛ تىت. 8:2؛ 1پېت. 16:3.
1پېت. 13:2-14 رىم. 1:13؛ تىت. 1:3.
1پېت. 15:2 تىت. 8:2.
1پېت. 16:2 يـۇھ. 32:8؛ رىم. 18:6؛ گال. 1:5.
1پېت. 17:2 مات. 21:22؛ رىم. 10:12؛ ئەف. 3:4؛ ئىبر. 1:13؛ 1پېت. 22:1؛ 5:5.
1پېت. 18:2 ئەف. 5:6؛ كول. 22:3؛ 1تىم. 1:6؛ تىت. 9:2.
1پېت. 19:2 مات. 10:5.
1پېت. 20:2 1پېت. 14:3؛ 14:4.
1پېت. 21:2 يـۇھ. 15:13؛ فىل. 5:2؛ 1يۇھ. 6:2.
1پېت. 22:2 يەش. 9:53؛ 2كور. 21:5؛ 1يۇھ. 5:3.
1پېت. 23:2 مات. 39:27؛ يـۇھ. 48:8،49.
1پېت. 24:2 يەش. 4:53؛ مات. 17:8؛ رىم. 11:6.
1پېت. 25:2 يەش. 6:53؛ ئەز. 6:34؛ لۇقا 4:15.
1پېت. 1:3-2 يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 22:5؛ كول. 18:3؛ تىت. 5:2.
1پېت. 3:3 1تىم. 9:2؛ تىت. 3:2.

1پېت. 6:3 يار. 12:18.
1پېت. 7:3 ئەف. 33:5-25؛ كول. 19:3.
1پېت. 8:3 رىم. 16:12؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 2:2؛ 16:3.
1پېت. 9:3 لاۋ. 18:19؛ پەند. 22:20؛ 29:24؛ مات. 39:5؛ 34:25؛
رىم. 17:12؛ 1كور. 7:6؛ 1تېس. 15:5؛ 1تىم. 8:4.
1پېت. 10:3 زەب. 16:34-12؛ ياق. 26:1
1پېت. 11:3 زەب. 27:37؛ يەش. 16:1؛ 3يۇھ. 11.
1پېت. 12:3 زەب. 16:34-12
1پېت. 14:3 يەش. 13:8-12؛ يەر. 8:1؛ مات. 10:5؛
1پېت. 20:2؛ 14:4.
1پېت. 15:3 ئايۇپ 21:1؛ زەب. 46:119؛ روس. 8:4.
1پېت. 16:3 تىت. 8:2؛ 1پېت. 15،12:2.
1پېت. 18:3 رىم. 6:5؛ ئىبر. 28،15:9.
1پېت. 19:3 1پېت. 6:4.
1پېت. 20:3 يار. 14،3:6؛ 18:8؛ مات. 37:24؛ لۇقا 26:17؛
رىم. 4:2؛ 2پېت. 5:2.
1پېت. 21:3 روس. 39:2-38؛ ئەف. 26:5؛ كول. 13:2-11
1پېت. 22:3 ئەف. 20:1.
1پېت. 1:4 رىم. 7:6؛ ئىبر. 1:12.
1پېت. 2:4 رىم. 7:14؛ 2كور. 15:5؛ گال. 20:2؛ ئەف. 24:4؛
1تېس. 10:5؛ ئىبر. 14:9.
1پېت. 3:4 ئەف. 17:4.
1پېت. 6:4 يـۇھ. 25:5؛ 1پېت. 19:3.
1پېت. 7:4 لۇقا 34:21؛ 1يۇھ. 18:2.
1پېت. 8:4 پەند. 12:10.
1پېت. 9:4 رىم. 13:12؛ فىل. 14:2؛ ئىبر. 2:13.
1پېت. 10:4 پەند. 28:3؛ رىم. 6:12؛ 2كور. 11:8.
1پېت. 11:4 يەر. 22:23.

1پېت. 12:4 يەر. 10:48؛ 1كور. 13:3؛ 1پېت. 7:1.
1پېت. 14:4 مات. 10:5؛ 1پېت. 20:2؛ 14:3.
1پېت. 17:4 يەر. 29:25؛ لۇقا 12:10؛ 31:23.
1پېت. 18:4 پەند. 31:11.
1پېت. 2:5 روس. 28:20؛ 1تىم. 3:3؛ تىت. 7:1.
1پېت. 3:5 2كور. 24:1؛ فىل. 17:3؛ 1تىم. 12:4؛ تىت. 7:2.
1پېت. 4:5 يەش. 11:40؛ ئەز. 23:34؛ يـۇھ. 11:10؛ 1كور. 25:9؛
ئىبر. 20:13؛ 2تىم. 8:4؛ ياق. 12:1؛ 1پېت. 4:1؛ 25:2.
1پېت. 5:5 پەند. 34:3؛ رىم. 10:12؛ فىل. 3:2؛ ياق. 6:4.
1پېت. 6:5 ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 11:14؛ ياق.
10:4.
1پېت. 7:5 زەب. 22:55؛ مات. 25:6؛ لۇقا 22:12؛ 1كور. 9:9؛
فىل. 6:4؛ ئىبر. 5:13؛ 1تىم. 8:6.
1پېت. 8:5 ئايۇپ 7:1؛ لۇقا 31:22؛ 1تېس. 6:5؛ 1پېت. 13:1؛ 7:4.
1پېت. 9:5 ئەف. 27:4؛ ياق. 7:4.
1پېت. 10:5 ئىبر. 37:10؛ 1پېت. 6:1.
1پېت. 14:5 رىم. 16:16؛ 1كور. 20:16؛ 2كور. 12:13؛ 1تېس. 26:5.

# پېترۇس «2»

2پېت. 2:1 يـۇھ. 3:17؛ رىم. 7:1؛ 1پېت. 2:1؛ يەھ. 2.
2پېت. 4:1 يەش. 5:56؛ يـۇھ. 12:1؛ رىم. 15:8؛ گال. 26:3.
2پېت. 8:1 تىت. 14:3.
2پېت. 9:1 يەش. 10:59؛ زەف. 17:1.
2پېت. 13:1 2پېت. 1:3.
2پېت. 14:1 يـۇھ. 18:21،19؛ 2تىم. 6:4.
2پېت. 16:1 مات. 1:17؛ يـۇھ. 14:1؛ 1كور. 17:1؛ 1:2، 4؛ 20:4؛ 1يۇھ. 1:1.

2پېت. 17:1 مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 1:11؛ 9:7؛ لۇقا 3:22؛ 35:9؛
كول. 13:1.
2پېت. 19:1 2كور. 6:4؛ ۋەھ. 16:22.
2پېت. 21:1 2تىم. 16:3.
2پېت. 1:2 قان. 2:13؛ مات. 11:24؛ روس. 29:20؛ 1تىم. 1:4؛
2تىم. 1:3.
2پېت. 3:2 يەھ. 4.
2پېت. 4:2 يەھ. 6؛ ۋەھ. 3:20.
2پېت. 5:2 يار. 23:7؛ 1پېت. 19:3.
2پېت. 6:2 يار. 24:19؛ قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 40:50؛
ئەز. 49:16؛ هوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ يەھ. 7.
2پېت. 7:2 يار. 7:19، 8.
2پېت. 8:2 زەب. 158:119.
2پېت. 9:2 1كور. 13:10.
2پېت. 12:2 يەر. 3:12؛ يەھ. 10.
2پېت. 15:2 چۆل. 21،7:22؛ يەھ. 11.
2پېت. 16:2 چۆل. 21:22.
2پېت. 17:2 يەھ. 12.
2پېت. 19:2 يۇھ. 34:8؛ رىم. 16:6.
2پېت. 20:2 مات. 45:12؛ ئىبر. 4:6؛ 26:10.
2پېت. 22:2 پەند. 11:26.
2پېت. 1:3 2پېت. 13:1.
2پېت. 3:3 1تىم. 1:4؛ 2تىم. 1:3؛ يەھ. 18.
2پېت. 4:3 ئەز. 22:12.
2پېت. 5:3 يار. 9:1؛ زەب. 2:24.
2پېت. 6:3 يار. 21،10:7.
2پېت. 7:3 زەب. 26:102-25؛ يەش. 6:51؛ 2تېس. 8:1؛
ئىبر. 11:1؛ 2پېت. 10:3.

2پېت. 8:3 زەب. 4:90.

2پېت. 9:3 ئەز. 32:18؛ 11:33؛ يەش. 18:30؛ هاب. 3:2؛ رىم. 4:2؛
1تىم. 4:2؛ 1پېت. 20:3؛ 2پېت. 15:3.

2پېت. 10:3 مات. 43:24،44؛ 1تېس. 2:5؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16.

2پېت. 12:3 زەب. 3:50؛ 2تېس. 8:1.

2پېت. 13:3 يەش. 17:65؛ 22:66؛ ۋەھ. 1:21.

2پېت. 15:3 رىم. 4:2.

2پېت. 16:3 رىم. 19:8؛ 1كور. 24:15؛ 1تېس. 15:4.

# يۇھاننا «1»

1يۇھ. 1:1 لۇقا 39:24؛ يـۇھ. 27:20؛ يـۇھ. 1:1، 14؛ 2پېت. 16:1.

1يۇھ. 5:1 يـۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 5:9؛ 35:12، 36.

1يۇھ. 7:1 ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 19:1؛ ۋەھ. 5:1.

1يۇھ. 8:1 1پاد. 46:8؛ 2تار. 36:6؛ ئايۇپ 2:9؛ زەب. 2:143؛
پەند. 9:20؛ توپ. 20:7.

1يۇھ. 9:1 زەب. 5:32؛ پەند. 13:28.

1يۇھ. 1:2 1تىم. 5:2؛ ئىبر. 25:7.

1يۇھ. 2:2 يـۇھ. 42:4؛ رىم. 25:3؛ 2كور. 18:5؛ كول. 20:1؛
1يۇھ. 10:4، 14.

1يۇھ. 4:2 1يۇھ. 20:4.

1يۇھ. 5:2 يـۇھ. 35:13.

1يۇھ. 6:2 يـۇھ. 15:13؛ 1پېت. 21:2.

1يۇھ. 7:2 2يۇھ. 5.

1يۇھ. 8:2 يـۇھ. 34:13؛ 12:15.

1يۇھ. 10:2 يـۇھ. 35:12؛ 1يۇھ. 14:3.

1يۇھ. 12:2 لۇقا 47:24؛ روس. 12:4؛ 38:13.

| | | |
|---|---|---|
| 1يۇھ. | 15:2 | گال. 10:1؛ ياق. 4:4. |
| 1يۇھ. | 17:2 | زەب. 90:10-9؛ يەش. 40:6؛ 1كور. 31:7؛ ياق. 10:1؛ 14:4؛ 1پېت. 24:1. |
| 1يۇھ. | 18:2 | مات. 24:5؛ 2تېس. 3:2. |
| 1يۇھ. | 19:2 | زەب. 41:9؛ روس. 30:20؛ 1كور. 19:11. |
| 1يۇھ. | 20:2 | زەب. 45:7؛ 133:2؛ 2كور. 21:1؛ ئىبر. 9:1. |
| 1يۇھ. | 23:2 | لۇقا 12:9؛ 2تىم. 12:2. |
| 1يۇھ. | 27:2 | يەر. 31:34؛ ئىبر. 11:8. |
| 1يۇھ. | 28:2 | مار. 38:8؛ 1يۇھ. 2:3. |
| 1يۇھ. | 1:3 | يـۇھ. 12:1. |
| 1يۇھ. | 2:3 | يەش. 56:5؛ مات. 12:5؛ يـۇھ. 12:1؛ رىم. 15:8، 18؛ 2كور. 17:4؛ گال. 26:3؛ 4:6؛ فىل. 21:3؛ كول. 4:3. |
| 1يۇھ. | 4:3 | 1يۇھ. 17:5. |
| 1يۇھ. | 5:3 | يەش. 53:9،12؛ 2كور. 21:5؛ 1پېت. 22:2؛ 1تىم. 15:1. |
| 1يۇھ. | 7:3 | 1يۇھ. 29:2. |
| 1يۇھ. | 9:3 | 1پېت. 23:1؛ 1يۇھ. 18:5. |
| 1يۇھ. | 11:3 | يـۇھ. 34:13؛ 12:15؛ 1يۇھ. 23:3. |
| 1يۇھ. | 12:3 | يار. 8:4؛ ئىبر. 4:11. |
| 1يۇھ. | 13:3 | يـۇھ. 18:15. |
| 1يۇھ. | 14:3 | 1يۇھ. 10:2. |
| 1يۇھ. | 15:3 | مات. 21:5؛ گال. 21:5. |
| 1يۇھ. | 16:3 | يـۇھ. 13:15؛ ئەف. 2:5. |
| 1يۇھ. | 17:3 | قان. 7:15؛ لۇقا 11:3؛ ياق. 15:2. |
| 1يۇھ. | 22:3 | يەر. 12:29؛ مات. 8:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 14:5. |
| 1يۇھ. | 23:3 | لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يـۇھ. 29:6؛ 34:13؛ 12:15؛ 3:17؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 21:4. |
| 1يۇھ. | 24:3 | يـۇھ. 23:14؛ 10:15؛ 1يۇھ. 12:4. |

1يۇھ. 1:4 يەر. 8:29؛ مات. 15:7، 16؛ 4:24، 5، 24؛ 1كور. 29:14؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 2پېت. 1:2؛ 2يۇھ. 7.

1يۇھ. 3:4 2تېس. 7:2؛ 1يۇھ. 18:2، 22.

1يۇھ. 6:4 يۇھ. 47:8؛ 27:10.

1يۇھ. 9:4 يۇھ. 16:3؛ رىم. 8:5.

1يۇھ. 10:4 رىم. 24:3، 25؛ 2كور. 19:5؛ كول. 19:1؛ 1يۇھ. 2:2.

1يۇھ. 12:4 مىس. 20:33؛ قان. 12:4؛ يۇھ. 18:1؛ 1تىم. 17:1؛ 16:6؛ 1يۇھ. 24:3.

1يۇھ. 20:4 1يۇھ. 4:2.

1يۇھ. 21:4 لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يۇھ. 34:13؛ 12:15؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 23:3.

1يۇھ. 1:5 يۇھ. 12:1.

1يۇھ. 3:5 مات. 29:11،30؛ يۇھ. 15:14؛ 10:15.

1يۇھ. 4:5 يۇھ. 33:16.

1يۇھ. 5:5 1كور. 57:15؛ 1يۇھ. 15:4.

1يۇھ. 10:5 يۇھ. 36:3؛ رىم. 16:8؛ گال. 6:4.

1يۇھ. 11:5 يۇھ. 4:1.

1يۇھ. 13:5 يۇھ. 31:20.

1يۇھ. 14:5 يەر. 12:29؛ مات. 8:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يۇھ. 13:14؛ 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 2:3.

1يۇھ. 16:5 چۆل. 30:15؛ 1سام. 25:2؛ مات. 31:12؛ مار. 29:3؛ لۇقا 10:12؛ ئىبر. 4:6؛ 26:10؛ 2پېت. 2:2.

1يۇھ. 17:5 1يۇھ. 4:3.

1يۇھ. 18:5 1يۇھ. 9:3.

1يۇھ. 20:5 يەش. 5:9؛ 6:44؛ 5:54؛ لۇقا 45:24؛ يۇھ. 28:20؛ رىم. 5:9؛ 1تىم. 16:3.

# يۇھاننا «2»

| | | |
|---|---|---|
| 2يۇھ. | 5:1 | يـۇھ. 34:13؛ 12:15؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 7:2؛ 23:3؛ 21:4. |
| 2يۇھ. | 6:1 | يـۇھ. 10:15. |
| 2يۇھ. | 7:1 | مات. 5:24،24؛ 2پېت. 1:2؛ 1يۇھ. 1:4. |
| 2يۇھ. | 10:1 | رىم. 17:16؛ 2تىم. 5:3؛ تىت. 10:3. |

# يۇھاننا «3»

| | | |
|---|---|---|
| 3يۇھ. | 11:1 | زەب. 27:37؛ يەش. 16:1؛ 1پېت. 11:3؛ 1يۇھ. 6:3. |
| 3يۇھ. | 13:1 | 2يۇھ. 12. |

# يەھۇدا

| | | |
|---|---|---|
| يەھ. | 4:1 | 1پېت. 8:2؛ 2پېت. 1:2، 3. |
| يەھ. | 5:1 | چۆل. 29:14؛ 64:26، 65؛ زەب. 27:106-24؛ 1كور. 5:10؛ ئىبر. 17:3. |
| يەھ. | 6:1 | يار.4:6-1؛ 2پېت. 4:2. |
| يەھ. | 7:1 | يار. 24:19؛ قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 40:50؛ ئەز. 49:16؛ هوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ لۇقا 29:17؛ 2پېت. 6:2. |
| يەھ. | 9:1 | دان. 13:10؛ 1:12؛ زەك. 2:3؛ 2پېت. 11:2؛ ۋەھ. 7:12. |
| يەھ. | 10:1 | 2پېت. 12:2. |
| يەھ. | 11:1 | يار. 8:4؛ چۆل. 1:16؛ 7:22،21؛ 2پېت. 15:2؛1يۇھ. 12:3. |

يەھ. 12:1 2پېت. 2:13،17.

يەھ. 13:1 يەش. 20:57.

يەھ. 14:1 يار. 18:5؛ دان. 10:7؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 10:1؛
2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

يەھ. 15:1 مات. 36:12.

يەھ. 16:1 2پېت. 18:2.

يەھ. 18:1 روس. 29:20؛ 1تىم. 1:4؛ 2تىم. 1:3؛ 3:4؛ 2پېت. 1:2؛ 3:3.

يەھ. 24:1-25 رىم. 27:16؛ 1تىم. 17:1.

# ۋەھي

ۋەھ. 3:1 ۋەھ. 10:22،7.

ۋەھ. 4:1 مىس. 14:3؛ ۋەھ. 8:1؛ 8:4؛ 17:11؛ 5:16.

ۋەھ. 5:1 يەش. 4:55؛ روس. 28:20؛ 1كور. 20:15؛ كول. 18:1؛
ئىبر. 14:9،12؛ 1پېت. 19:1؛ 1يۇھ. 7:1؛ ۋەھ. 14:3؛ 9:5.

ۋەھ. 6:1 رىم. 1:12؛ 1پېت. 5:2، 9؛ ۋەھ. 10:5.

ۋەھ. 7:1 دان. 13:7؛ زەك. 10:12؛ مات. 30:24؛ 31:25؛
يـۇھ. 37:19؛ روس. 11:1؛ 1تېـس. 10:1؛
2تېـس. 10:1؛ يەھ. 14.

ۋەھ. 8:1 يەش. 4:41؛ 6:44؛ ۋەھ. 6:21؛ 13:22.

ۋەھ. 10:1 ۋەھ. 2:4.

ۋەھ. 13:1 ئەز. 26:1؛ دان. 13:7؛ ۋەھ. 14:14.

ۋەھ. 14:1 دان. 9:7؛ ۋەھ. 12:19.

ۋەھ. 15:1 ۋەھ. 2:14.

ۋەھ. 16:1 يەش. 2:49؛ ئەف. 17:6؛ ئىبر. 12:4؛ ۋەھ. 16:2؛ 15:19.

ۋەھ. 17:1 يەش. 4:41؛ 6:44؛ 12:48.

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 18:1 | ئايۇپ 14:12؛ يەش. 22:22؛ رىم. 9:6؛ ۋەھ. 7:3؛ 1:20. |
| ۋەھ. | 6:2 | ۋەھ. 15:2 |
| ۋەھ. | 7:2 | يار. 2:9؛ ۋەھ. 2:22. |
| ۋەھ. | 8:2 | يەش. 4:41؛ 6:44؛ ۋەھ. 17:1. |
| ۋەھ. | 11:2 | مات. 9:13. |
| ۋەھ. | 12:2 | ۋەھ. 16:1؛ 16:2. |
| ۋەھ. | 14:2 | چۆل. 23:22؛ 14:24؛ 1:25؛ 16:31. |
| ۋەھ. | 15:2 | ۋەھ. 6:2 |
| ۋەھ. | 16:2 | يەش. 2:49؛ ئەف. 17:6؛ ئىبر. 12:4؛ ۋەھ. 16:1. |
| ۋەھ. | 17:2 | مىس. 36:16-4. |
| ۋەھ. | 18:2 | ۋەھ. 14:1،15. |
| ۋەھ. | 20:2 | 1پاد. 31:16؛ 2پاد. 7:9. |
| ۋەھ. | 23:2 | 1سام. 7:16؛ 1تار. 9:28؛ 17:29؛ زەب.7:9؛ 12:62؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ روس. 24:1؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 12:20. |
| ۋەھ. | 24:2-25 | ۋەھ. 11:3. |
| ۋەھ. | 27:2 | زەب. 9:2-8. |
| ۋەھ. | 1:3 | ۋەھ. 14:1، 16. |
| ۋەھ. | 3:3 | مات. 43:24؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 19:3؛ 15:16. |
| ۋەھ. | 5:3 | مىس. 32:32؛ زەب. 28:69؛ مات. 32:10؛ لۇقا 8:12؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 12:20؛ 27:21. |
| ۋەھ. | 7:3 | ئايۇپ 14:12؛ يەش. 22:22؛ ۋەھ. 18:1؛ 14:3. |
| ۋەھ. | 9:3 | ۋەھ. 9:2؛ پەند. 19:14 |
| ۋەھ. | 11:3 | ۋەھ. 25:2. |
| ۋەھ. | 12:3 | 1پاد. 21:7؛ ۋەھ. 2:21،10؛ 4:22. |
| ۋەھ. | 14:3 | كول. 15:1؛ ۋەھ. 5:1، 6. |
| ۋەھ. | 18:3 | 2كور. 3:5؛ ۋەھ. 13:7؛ 15:16؛ 8:19. |

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 19:3 | ئايۇپ 17:5؛ پەند. 12:3؛ ئىبر. 5:12. |
| ۋەھ. | 21:3 | مات. 28:19؛ 1كور. 2:6. |
| ۋەھ. | 6:4 | ۋەھ. 2:15. |
| ۋەھ. | 8:4 | يەش. 3:6؛ ۋەھ. 1:4، 8؛ 17:11؛ 5:16. |
| ۋەھ. | 11:4 | ۋەھ. 12:5. |
| ۋەھ. | 1:5 | ئەز. 10:2. |
| ۋەھ. | 3:5 | فىل. 10:2؛ ۋەھ. 13:5. |
| ۋەھ. | 5:5 | يار. 9:49،10؛ يەش. 10:11؛ رىم. 12:15؛ ۋەھ. 16:22. |
| ۋەھ. | 6:5 | زەك. 9:3؛ 10:4؛ ۋەھ. 5:4. |
| ۋەھ. | 8:5 | زەب. 2:141؛ ۋەھ. 2:14. |
| ۋەھ. | 9:5 | روس. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ كول. 14:1؛ ئىبر. 12:9؛ 10:10؛ 1پېت. 19:1؛ 1يۇھ. 7:1؛ ۋەھ. 11:4. |
| ۋەھ. | 10:5 | مىس. 6:19؛ 1پېت. 5:2، 9؛ ۋەھ. 6:1. |
| ۋەھ. | 11:5 | دان. 10:7؛ ئىبر. 22:12. |
| ۋەھ. | 12:5 | ۋەھ. 11:4. |
| ۋەھ. | 2:6 | ۋەھ. 11:19. |
| ۋەھ. | 6:6 | ۋەھ. 4:9. |
| ۋەھ. | 9:6 | ۋەھ. 10:19؛ 4:20. |
| ۋەھ. | 12:6 | يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش.10:13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2. |
| ۋەھ. | 16:6 | يەش. 19:2؛ هوش. 8:10؛ لۇقا 30:23؛ ۋەھ. 6:9. |
| ۋەھ. | 17:6 | يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش. 2:22-12؛ 13:13-6؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2 |
| ۋەھ. | 4:7 | ۋەھ. 1:14. |
| ۋەھ. | 16:7 | يەش. 10:49. |
| ۋەھ. | 17:7 | يەش. 8:25؛ زەب. 1:23؛ ۋەھ. 4:21. |
| ۋەھ. | 4:8 | زەب. 2:141 |
| ۋەھ. | 1:9 | لۇقا 31:8؛ ۋەھ. 8:17. |

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 4:9 | ئەز. 4:9؛ ۋەھ. 6:6؛ 3:7. |
| ۋەھ. | 6:9 | يەش. 19:2؛ يەر. 3:8؛ هوش. 8:10؛ لۇقا 30:23؛ ۋەھ. 16:6. |
| ۋەھ. | 7:9 | مىس. 4:10. |
| ۋەھ. | 12:9 | ۋەھ. 13:8. |
| ۋەھ. | 20:9 | زەب. 4:115، 5، 6، 7؛ 15:135. |
| ۋەھ. | 1:10 | مات. 2:17؛ ۋەھ. 15:1. |
| ۋەھ. | 4:10 | دان. 26:8؛ 4:12. |
| ۋەھ. | 5:10 | دان. 7:12. |
| ۋەھ. | 6:10 | ۋەھ. 15:11. |
| ۋەھ. | 9:10 | ئەز. 1:3. |
| ۋەھ. | 1:11 | ئەز. 49:40-3؛ ئەز. 41؛ ئەز. 42؛ ئەز. 43. |
| ۋەھ. | 2:11 | ۋەھ. 5:13. |
| ۋەھ. | 4:11 | زەك. 3:4،14. |
| ۋەھ. | 6:11 | مىس. 7؛ 8؛ 9؛ 10؛ 12؛ 1پاد. 1:17. |
| ۋەھ. | 7:11 | دان. 21:7؛ ۋەھ. 7:13،11. |
| ۋەھ. | 8:11 | ۋەھ. 2:7، 5؛ 10:18. |
| ۋەھ. | 11:11 | ئەز. 5:37،10. |
| ۋەھ. | 14:11 | ۋەھ. 13:8؛ 12:9؛ 1:15. |
| ۋەھ. | 17:11 | ۋەھ. 4:1، 8؛ 18:4؛ 5:16. |
| ۋەھ. | 19:11 | ۋەھ. 5:15. |
| ۋەھ. | 5:12 | زەب. 9:2؛ ۋەھ. 27:2. |
| ۋەھ. | 6:12 | ۋەھ. 3:11. |
| ۋەھ. | 8:12 | دان. 35:2. |
| ۋەھ. | 9:12 | لۇقا 18:10؛ ۋەھ. 2:20. |
| ۋەھ. | 12:12 | زەب. 11:96؛ يەش. 13:49؛ ۋەھ. 13:8. |
| ۋەھ. | 14:12 | ۋەھ. 6:2. |
| ۋەھ. | 1:13 | دان. 20:7؛ ۋەھ. 3:17. |
| ۋەھ. | 4:13 | ۋەھ. 18:18. |

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 5:13 | ۋەھ. 2:11. |
| ۋەھ. | 7:13 | دان. 21:7؛ ۋەھ. 7:11. |
| ۋەھ. | 8:13 | مس. 33:32؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 5:3؛ 8:17؛ 12:20؛ 27:21. |
| ۋەھ. | 10:13 | يار. 6:9؛ مات. 52:26؛ ۋەھ. 12:14. |
| ۋەھ. | 11:13 | ۋەھ. 7:11. |
| ۋەھ. | 12:13 | ۋەھ. 20:19. |
| ۋەھ. | 13:13 | 2تېس. 9:2؛ ۋەھ. 14:16. |
| ۋەھ. | 14:13 | قان. 2:13؛ مات. 24:24؛ ۋەھ. 14:16؛ 20:19. |
| ۋەھ. | 15:13 | ۋەھ. 20:19. |
| ۋەھ. | 17:13 | ۋەھ. 11:14. |
| ۋەھ. | 18:13 | ۋەھ. 9:17. |
| ۋەھ. | 1:14 | ۋەھ. 4:7؛ 2تار. 7:23 |
| ۋەھ. | 2:14 | ۋەھ. 15:1؛ 8:5. |
| ۋەھ. | 3:14 | ۋەھ. 9:5. |
| ۋەھ. | 4:14 | 2كور. 2:11. |
| ۋەھ. | 5:14 | زەف. 13:3؛ ئەف. 27:5. |
| ۋەھ. | 7:14 | يار. 1:1؛ زەب. 6:33؛ 8:124؛ 6:146؛ روس. 15:14؛ 24:17. |
| ۋەھ. | 8:14 | يەش. 9:21؛ يەر. 8:51؛ ۋەھ. 19:16؛ 5:17؛ 2:18،10،21. |
| ۋەھ. | 10:14 | ۋەھ. 19:16؛ 6:18؛ 20:19. |
| ۋەھ. | 11:14 | ۋەھ. 3:19. |
| ۋەھ. | 12:14 | ۋەھ. 10:13. |
| ۋەھ. | 14:14 | ئەز. 26:1؛ دان. 13:7؛ ۋەھ. 13:1. |
| ۋەھ. | 15:14 | يو. 13:3؛ مات. 39:13. |
| ۋەھ. | 19:14 | ۋەھ. 15:19. |
| ۋەھ. | 20:14 | يەش. 3:63. |
| ۋەھ. | 1:15 | ۋەھ. 14:11. |
| ۋەھ. | 2:15 | ۋەھ. 6:4؛ مك. 18:7. |
| ۋەھ. | 3:15 | زەب. 2:111؛ 14:139؛ 17:145. |

ۋەھ. 4:15 يەر. 7:10.

ۋەھ. 5:15 ۋەھ. 19:11.

ۋەھ. 6:15 ۋەھ. 13:1.

ۋەھ. 8:15 مس. 34:40؛ 1پاد. 8:10؛ يەش. 4:6.

ۋەھ. 2:16 مس. 9:9،10،11؛ ۋەھ. 14:13،16،17.

ۋەھ. 3:16 مس. 20:7.

ۋەھ. 5:16 ۋەھ. 4:1، 8؛ 8:4؛ 17:11.

ۋەھ. 6:16 مات. 34:23.

ۋەھ. 7:16 ۋەھ. 3:15.

ۋەھ. 9:16 ۋەھ. 11:16،21.

ۋەھ. 14:16 2تېس. 9:2؛ ۋەھ. 13:13؛ 14:17؛ 19:19،20؛ 8:20.

ۋەھ. 15:16 مات. 43:24؛ لۇقا 39:12؛ 1تېس. 5:2؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3،18.

ۋەھ. 17:16 ۋەھ. 6:21.

ۋەھ. 18:16 ۋەھ. 5:4؛ 5:8.

ۋەھ. 19:16 يەر. 15:25؛ ۋەھ. 8:14،10؛ 5:18.

ۋەھ. 21:16 ۋەھ. 19:11؛ 9:16،11.

ۋەھ. 3:17 ۋەھ. 1:13؛ 8:17.

ۋەھ. 4:17 ۋەھ. 16:18.

ۋەھ. 5:17 2تېس. 7:2.

ۋەھ. 6:17 ۋەھ. 24:18.

ۋەھ. 8:17 مس. 32:32؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 8:13.

ۋەھ. 9:17 ۋەھ. 1:13،18.

ۋەھ. 12:17 دان. 20:7؛ ۋەھ. 1:13.

ۋەھ. 14:17 1تىم. 15:6؛ ۋەھ. 14:16؛ 16:19.

ۋەھ. 15:17 يەش. 7:8.

ۋەھ. 16:17 ۋەھ. 8:18.

ۋەھ. 18:17 ۋەھ. 19:16.

ۋەھ. 2:18 يەش. 21:13؛ 9:21؛ 11:34،14؛ يەر. 39:50؛ 8:51؛ ۋەھ. 8:14.

ۋەھ. 3:18 ۋەھ. 8:14؛ 2:17.

ۋەھ. 4:18 يار. 12:19؛ يەش. 20:48؛ 11:52؛ يەر. 6:51،45؛ 2كور. 17:6.

ۋەھ. 5:18 ۋەھ. 19:16.

ۋەھ. 6:18 ۋەھ. 10:14.

ۋەھ. 7:18 يەش. 8:47.

ۋەھ. 8:18 2تېس. 8:2؛ ۋەھ. 16:17.

ۋەھ. 9:18 ۋەھ. 2:17؛ 3:18،18.

ۋەھ. 10:18 يەش. 9:21؛ يەر. 1:51؛ ۋەھ. 8:14.

ۋەھ. 13:18 ئەز. 13:27.

ۋەھ. 16:18 ۋەھ. 4:17.

ۋەھ. 18:18 يەش. 10:34؛ ۋەھ. 4:13؛ 9:18.

ۋەھ. 20:18 ۋەھ. 2:19.

ۋەھ. 21:18 يەر. 64:51.

ۋەھ. 22:18 يەر. 10:25؛ ئەز. 13:26.

ۋەھ. 23:18 يەر. 34:7؛ 9:16؛ 10:25.

ۋەھ. 24:18 ۋەھ. 6:17.

ۋەھ. 2:19 قان. 43:32؛ ۋەھ. 3:15؛ 7:16؛ 20:18.

ۋەھ. 3:19 يەش. 10:34؛ ۋەھ. 11:14؛ 18:18.

ۋەھ. 6:19 ۋەھ. 17:11.

ۋەھ. 7:19 مات. 2:22؛ لۇقا 16:14.

ۋەھ. 9:19 ۋەھ. 5:21.

ۋەھ. 10:19 روس. 26:10؛ 14:14؛ ۋەھ. 9:22.

ۋەھ. 11:19 ۋەھ. 2:6.

ۋەھ. 12:19 ۋەھ. 14:1.

ۋەھ. 13:19 يەش. 1:63؛ يۇھ. 1:1.

ۋەھ. 14:19 مات. 3:28؛ ۋەھ. 4:4؛ 9:7.

ۋەھ. 19:15 زەب. 2:9؛ يەش. 63:3؛ ۋەھ. 2:27،16؛ 14:19،20؛ 19:21.

ۋەھ. 19:16 1تىم. 6:15؛ ۋەھ. 17:14.

ۋەھ. 19:17 يەر. 12:9؛ ئەز. 39:17.

ۋەھ. 19:20 قان. 13:2؛ دان. 7:11؛ مات. 24:24؛ ۋەھ. 13:12،13،15،16؛ 16:14؛ 20:10.

ۋەھ. 20:1 ۋەھ. 1:18.

ۋەھ. 20:2 2پېت. 2:4؛ ۋەھ. 12:9.

ۋەھ. 20:3 ۋەھ. 16:14،16؛ 20:8.

ۋەھ. 20:4 ۋەھ. 6:11،9؛ 13:12،15،16.

ۋەھ. 20:6 يەش. 61:6؛ 1پېت. 2:9؛ ۋەھ. 1:6؛ 5:10.

ۋەھ. 20:8 ئەز. 38:2؛ 39:1؛ ۋەھ. 16:14.

ۋەھ. 20:10 دان. 7:11؛ ۋەھ. 14:10؛ 19:20.

ۋەھ. 20:12 مىس. 32:32؛ زەب. 62:12؛ 69:28؛ يەر. 17:10؛ 32:19؛ مات. 16:27؛ رىم. 2:6؛ 14:12؛ 2كور. 5:10؛ گال. 6:5؛ فىل. 4:3؛ ۋەھ. 2:23؛ 3:5.

ۋەھ. 21:1 يەش. 65:17؛ 66:22؛ 2پېت. 3:13.

ۋەھ. 21:2 ۋەھ. 3:12؛ 21:10.

ۋەھ. 21:3 ئەز. 43:7.

ۋەھ. 21:4 يەش. 25:8؛ ۋەھ. 7:17.

ۋەھ. 21:5 يەش. 43:19؛ 2كور. 5:17؛ ۋەھ. 4:2؛ 19:9؛ 20:11.

ۋەھ. 21:6 يەش. 41:4؛ 44:6؛ 55:1؛ ۋەھ. 1:8؛ 16:17؛ 22:13.

ۋەھ. 21:7 زەك. 8:8؛ ئىبر. 8:10.

ۋەھ. 21:8 ۋەھ. 20:14،15؛ 22:15.

ۋەھ. 21:9 ۋەھ. 15:6، 7.

ۋەھ. 21:10 ئىبر. 12:22؛ ۋەھ. 1:10؛ 21:2.

ۋەھ. 21:14 ئەف. 2:20.

ۋەھ. 21:15 ئەز. 40:3؛ زەك. 1:18.

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 23:21 | يەش. 19:60؛ زەك. 7:14. |
| ۋەھ. | 24:21 | يەش. 3:60. |
| ۋەھ. | 25:21 | يەش. 11:60؛ ۋەھ. 5:22. |
| ۋەھ. | 27:21 | مس. 32:32؛ زەب. 28:69؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 5:3؛ 12:20. |
| ۋەھ. | 1:22 | ئەز. 1:47؛ زەك. 8:14. |
| ۋەھ. | 2:22 | ۋەھ. 7:2. |
| ۋەھ. | 4:22 | ۋەھ. 12:3. |
| ۋەھ. | 5:22 | يەش. 19:60؛ زەك. 7:14؛ ۋەھ. 23:21. |
| ۋەھ. | 6:22 | ۋەھ. 1:1؛ 9:19؛ 5:21. |
| ۋەھ. | 7:22 | ۋەھ. 3:1. |
| ۋەھ. | 9:22 | روس. 26:10؛ 14:14؛ ۋەھ. 10:19. |
| ۋەھ. | 10:22 | دان. 26:8؛ 4:12؛ ۋەھ. 3:1. |
| ۋەھ. | 12:22 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2. |
| ۋەھ. | 13:22 | يەش. 4:41؛ 6:44؛ 12:48؛ ۋەھ. 8:1؛ 6:21. |
| ۋەھ. | 15:22 | 1كور. 10:6؛ ئەف. 5:5؛ كول. 5:3، 6. |
| ۋەھ. | 16:22 | يەش. 10:11؛ رىم. 12:15؛ 2پېت. 19:1؛ ۋەھ. 1:1؛ 5:5. |
| ۋەھ. | 17:22 | يەش. 1:55؛ يـۇھ. 37:7. |
| ۋەھ. | 19:22 | قان. 2:4؛ 32:12؛ پەند. 6:30؛ ۋەھ. 8:13؛ 8:17. |



«يېڭى ئەھدە»

# ئىنجىل



# ئىنجىل («يېڭى ئەھدە»)

# تونۇشتۇرۇلۇشى

## بىرىنچى كىرىش سۆز

## (1) ئومۇمىي بايان

مانا خۇدانىڭ تولۇق مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى تولۇق ئايان قىلىدىغان، مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ئىچىدىكى «ئىنجىل» ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېتۇ. تەۋراتتا بولسا (زەبۇرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىش ئىشلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بولغان قىسمەن مەقسەتلىرى ئايان قىلىنغان ۋەھيي بىز ئۈچۈن خاتىرىلەنگەن: «(بىزنىڭ) ئۆز ئوبراز-سۈرىتىمىزدە، بىزگە ئوخشاش قىلىپ ئىنساننى يارىتايلى!» («يار.» 1:26)

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئوبراز-سۈرەت» ۋە «ئوخشاش قىلىش» بولسا جىسمانىي ئوخشاشلىقنى ئەمەس، بەلكى بىرخىل روھىي ئوخشاشلىقنى ھەم ئىچكى دۇنيادىكى ئوخشاشلىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، خۇدانىڭ ئىنسانغا بولغان مەقسىتى دەل «ئىنسان مېنىڭ خاراكتېرىم ۋە تەبىئىتىمدە بولسۇن» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى ئۆلۈغ تەرىپى بار: —

(1) ئىنسان پۈتكۈل ئالەمگە خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بولۇشى.

(2) بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغى، ئىنسان خۇدانىڭ ھەمراھلىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ۋە ئويلىرىنى چۈشىنىشكە نېسىپ بولۇش.

شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، خۇدانىڭ ئىنساننى يارىتىشتىكى مەقستى

ئۆز كۆڭلىدىكى ئىشلارنى چۈشىنىدىغان بىر ھەمراھنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

خۇدانىڭ ئەسلىدە ئادەمئاتىمىزدا بولغان بۇ ئوبرازى گۇناھ تۈپەيلىدىن خۇنۈكلىشىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەم ئىنسانىنىڭ خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ھەتتا گۇناھكار ئىنساندىمۇ «خۇدانىڭ ئوبرازى» بەزى ۋاقىتلاردا يەنىلا ئۆزىنى ئايان قىلىدۇ؛ بىر-بىرىمىزگە مېھرىبانلىق كۆرسەتسەك، تەبىئەتنىڭ كۆركەملىكىدىن ھۇزۇرلانساق ياكى ئۆزىمىز بىرەر نادىر ئەسەر ئىجاد قىلساقمۇ خۇدانىڭ تەبىئىتى قايتىدىن غىل-پال ئايان بولىدۇ.

تەۋراتتا گۇناھنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ھەم خۇدانىڭ «ئىنساننى شەيتاننىڭ ۋە گۇناھنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزىمەن» دەيدىغان ئاجايىپ ۋەدىلىرى خاتىرىلەنگەن. خۇدانىڭ بۇ پىلانى ئىبراھىمنى چاقىرغىنىدا ئايان قىلىنىشقا باشلايدۇ. خۇدا ئۇنى چاقىرغاندا، يەنى ئىبراھىم خۇددى كىچىك بالىدەك دەلدەڭشىگەن ھالدا ئېتىقادىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقاندا، خۇدا ئۇنىڭغا «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىدۇ!» دەپ ۋەدە قىلغان («يار.» 3:12). كېيىن، بۇ ۋەدە ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەلگە، يەنى يەھۇدىي خەلقىگە قالدۇرۇلغان.

خۇدا «ئۇلار ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت ئاتا قىلىنىدۇ» دەپ ۋەدە قىلغان؛ ئۇنداقتا ئۇ يەھۇدىي خەلقى ئارقىلىق بىز («يەر يۈزىدىكى ئائىلە-قەبىلىلەر»)گە «بەخت يەتكۈزىدىغان» قانداق ئىشلارنى قىلدى؟ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، بىز يەھۇدىي خەلقىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق مۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىز: —

(1) خۇدا يەھۇدىي خەلقىگە ئۆزىنىڭ مۇتلەق ھەققانىيلىقىنى ۋە پاك-مۇقەددەسلىكىنى ئايان قىلغان بولۇپ، بۇلار خۇدا ئۇلارغا تاپىلىغان بارلىق قانۇن-بەلگىلىمىلەردە مۇجەسسەملەشكەن. باشقا ئەللەرمۇ بۇ قانۇنلار ئارقىلىق خۇدانىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا ئازراق بولسىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە بولالىغان.

(2) يەھۇدىي خەلقى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن بۇ پۈتكۈل قانۇن-تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىشقا تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىنتىلىشلىرى داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىنىڭ ئاسارىتىگە ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن.

(3) بۇنداق قاتتىق ساۋاقنى بىلگەندىن كېيىن، ئىسرائىلدا ئۆز گۇناھلىق تەبىئىتىنى ئوبدان بىلگەن، خۇداغا سادىق بولغان بىر «قالدىسى» پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن بىر «قۇتقۇزغۇچى»غا بولغان قەتئىي موھتاجلىقىنى تونۇپ يەتكەن؛ «قۇتقۇزغۇچى» دۇنياغا كەلگەندە ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولغان.

(خۇدانىڭ «قالدىسى»دىن باشقىلار بولسا ئۆزىنىڭ قايتا-قايتا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىگە كۆزىنى يۇمۇپ، ئۆزلىرىنى باشقا ئەللەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ: «ھەرھالدا، بىز بۇ «بۇتپەرەس كاپىرلار»دىن ياخشىمىز» دېيىشكەن. بىراق خۇدا ئۇلارنىڭ قەلبىگە قاراپ ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە كاپىرلاردىن بەتتەر دەپ بىلگەن).

(4) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن تەۋرات-زەبۇردا، ھەرقايسى دەۋرلەردە ياشىغان كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق خۇدا كەلگۈسىدە بىر قۇتقۇزغۇچىنى، يەنى مەسىھنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. مەسىھ كەلگەندە ئۇ: (1) ئۆز ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بىلەن شەيتاننى مەغلۇپ قىلىدۇ؛ (2) ئاۋۋال ئىسرائىلغا، ئاندىن بارلىق باشقا ئەللەرگە گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈمىنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ (3) نىجات، يەنى يېڭى (مەڭگۈلۈك) ھاياتنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ باشقىچە ئېيتقاندا ئۇ خۇدانىڭ ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئەسلىدىكى مەقسىتى، يەنى «ئىنسان ئوبرازىمىز ۋە سۈرىتىمىز بولسۇن» دېگەن مەقسىتىنى ئاخىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ («يار.» 26:1).

(5) ئاخىرىدا، ئىسرائىل خەلقى ئارقىلىق قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ پاك قىز مەريەمدىن تۇغۇلۇپ دۇنياغا كەلدى. ئۇ دەل «بارلىق ئەللەرگە ئاتا قىلىنغان بەخت»تۇر.

ئەينى ۋاقىتتىكى «خۇدانىڭ قالدىسى»دىكىلەر بولسا مەسىھنىڭ كېلىشى

بېشارەت قىلىنغان بۇ ۋەدىلەرگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن، شۇنداقلا ئۇ ۋەدىلەرنى كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈن ساقلاش ۋاستىچىسى بولغان. ئۇلار خۇددى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆزلىرىنى ياخشى بىر تېۋىپقا تاپشۇرۇشقا تەييار تۇرغان بىر خەلققە ئوخشايتتى. ئەيسا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ دەل شۇ تېۋىپ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى: «ساغلام ئادەملەر ئەمەس، بەلكى كېسەل ئادەملەرلا تېۋىپقا موھتاجدۇر» («مات.» 12:9).

ئىنجىل بولسا دەل: «ئالدىن ئېيتىلغان تېۋىپ، يەنى قۇتقۇزغۇچى كەلدى!»، «ئۇنىڭ ئىسمى ئەيسادۇر!» دېگەن خەۋەردىن ئىبارەتتۇر. «ئىنجىل» ئەسلى گرېك تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «خۇش خەۋەر!» دېگەنلىك بولىدۇ. «ئىنجىل» توققۇز مۇئەللىپ تەرىپىدىن يېزىلغان، يىگىرمە يەتتە قىسمىدىن تەركىب تاپقان توپلامدۇر.

بۇ قىسىملار تۆۋەندىكىدەك: —

(ئا) «ماتتا»، «ماركۇس»، «لۇقا» «يۇھاننا» — بۇ دەسلەپكى تۆت قىسمى (بەزىدە «تۆت بايان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مەسىھنىڭ يەر يۈزىدە تۇرغان چاغلىرىدىكى، شۇنداقلا ئۆلۈمدىن ئىلگىرىكى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىنكى قىرىق كۈن ئىچىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە سۆزلىرىنىڭ خاتىرىلىرى ياكى بايانلىرىدۇر.

(ئە) «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» — بۇ كىتاب مۇقەددەس روھ مەسىھنىڭ جامائىتىگە چۈشكەندىن كېيىن، جامائەتنىڭ دەسلەپكى ئىبادىتى، پائالىيەتلىرى ۋە «خۇش خەۋەر»نى جاكارلاش خاتىرىسىدۇر.

(ب) «مەكتۇپلار» — بۇلار مەسىھنىڭ روسۇللىرىدىن ئالتەيلەن (پاۋلۇس، پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپ، يەھۇدا ۋە نامەلۇم يەنە بىر روسۇل) تەرىپىدىن يېزىلغان. روسۇللارنىڭ مەكتۇپلىرىدىكى مەقسەتلىرى بولسا بىرىنچىدىن مەسىھنىڭ جامائىتىگە ئۇنىڭ بىرنەچچە يىغى ۋەھىيلىرىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىككىنچىدىن، مەسىھنىڭ جامائىتىگە يولىيورۇق بېرىپ، ئىلھام، رىغبەت ۋە تەسەللى بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەكتۇپلارنىڭ كۆپ قىسمى مەلۇم بىر جامائەتكە يېزىلغىنى بىلەن، ئۇلار بارلىق جامائەتلەرگە، بارلىق ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن ئوخشاش نويۇزلۇق ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر.

(پ) «ۋەھىي» بولسا پۈتكۈل مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېشارىتىدۇر؛ ئۇنىڭدا ئايان قىلىنغان ئىشلار ئاخىرقى زاماندىكى ۋەقەلەر ۋە «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن»دىن ئىبارەتتۇر. رەب ئەيسا مەسىھ بۇ «ۋەھىي»نى ئۇنىڭ جامائىتىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆز خىزمەتكارى بولغان روسۇل يۇھاناغا بىۋاستە تاپشۇرغان.

## (2) ئەيسانىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتى خاتىرىلەنگەن «تۆت بايان»غا كىرىش سۆز

ئوقۇرمەنلەر «ماتتا»، «ماركۇس»، «لۇقا» ۋە «يۇھاننا» دېگەن «تۆت بايان»دا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ خاتىرىلىرى بەزىدە بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. زادى نېمە ئۈچۈن مۇشۇ تۆت كىتابتىكى تارىخلارنى ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ؟

خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق قانۇنىي ھۆكۈملەر ياكى قارارلار توغرۇلۇق مۇھىم بىر پرىنسىپنى بېكىتكەن. يەنى: — «ھەممە ئىش ئىككى-ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن يۈرگۈزۈلسۇن» («قان.» 15:19). مەسىلەن، مەلۇم بىر جىنايەت سادىر قىلىنسا، بىرلا گۇۋاھچىنىڭ ئىسپاتى بىلەن (ئەگەر ئۆزى ئىقرار قىلمىسا) جىنايەتچىنىڭ گۇناھىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. بىراق ئىككى گۇۋاھچى بولسا كۇپايە بولىدۇ؛ ئۈچ گۇۋاھچى بولسا تېخىمۇ گۇمان قالمايدۇ. ھالبۇكى، خۇدا پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئەيسانىڭ دەل ۋەدە قىلىنغان مەسىھ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىزگە تولۇق ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمەللىرى ۋە سۆزلىرىنى خاتىرىلىگەن ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ بايانىنى ئەمەس، بەلكى تۆت گۇۋاھچىنىڭ بايانىنى قالدۇرغان. مانا بۇ خۇداغا نىسبەتەن مەسىھنىڭ ھاياتىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ! بۇ، بىزگىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم، ئەلۋەتتە.

ئۇشبۇ «تۆت بايانچى»نىڭ گۇۋاھلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، بەزى زەررىچە پەرقلەرنى بايقىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئۇلارنىڭ بايانلىرىدىكى مۇنداق كىچىك پەرقلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ھەقىقەتەن نەق مەيداندا كۆرگۈچىلەرنىڭ تىلىنى بىر قىلىۋالمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئوخشاش بىر

ئىشتا بىر گۇۋاھچى ئۆزىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان تەرەپنى بايان قىلسا، يەنە بىر گۇۋاھچى باشقىچە كۆزقاراش بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە «تۆت بايان»نى بىرلەشتۈرسەك مەسىھنىڭ ھاياتىدىكى «ستېرېئولۇق» بىر رەسىمنى كۆرگىلى بولىدۇ. بايانلارنىڭ قارىماققا بىر-بىرىگە پەرقلىق بولغان تەپسىلاتلىرى ئاخىرى بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتلىكىنى تەستىقلايدۇ، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ۋەقەدە يوشۇرۇنغان قىممەتلىك بىر سىرنىمۇ ئاشكارىلايدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەسىھنىڭ تەرجىمىھالىنى ئايان قىلىدىغان بايان-گۇۋاھلىقتىن تۆتى ئەمەس، بەلكى بەشى بار دېيىشكە بولىدۇ. بەشىنچىسى بولسا مەسىھنى يەر يۈزىدە تۇرغان ۋاقتىدا كۆرۈپ باقمىغان روسۇل پاۋلۇسنىڭ گۇۋاھلىقىدۇر؛ ئۇ كۆپ يەرلەردە خاتىرىلىگەندەك، مەسىھ تىرىلىپ ئەرشكە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەسىھ ئۇنىڭغا ئايان بولۇپ ھاياتىدىكى كۆپ ئىشلار ۋە نىجاتلىق خىزمىتىنى ئۇنىڭغا تەپسىلي ئايان قىلغان (مەسىلەن، «گال.» 1:11-12، 1:2-9، «1كور.» 23:11-26 ۋە «رىملىقلارغا» تولۇق قىسمىنى كۆرۈڭ). پاۋلۇسنىڭ بۇ بارلىق گۇۋاھلىرىنىڭ «تۆت بايان»دا يەتكۈزۈلگەن ۋەھىيلەردىن قىلچە پەرقى يوق.

تەۋراتنىڭ «ئەزاكىيال» قىسمىدا، ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا بولۇپ تۇرىدىغان، كېرۇب دەپ ئاتالغان ئىنتايىن ۋەھىملىك ۋە قۇدرەتلىك تۆت مەخلۇقنى كۆرگەنلىكىنى خاتىرىلەيدۇ. ئۇلار توختاۋسىز ئۇيان-بۇيان چاقماقتەك ئۇچۇپ، خۇدانىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى ئۇ بېكىتكەن جايغا يەتكۈزۈپ بەجا كەلتۈرەتتى. مەسىلەن، «ئەز.» 4:1-14نى كۆرۈڭ.
كېرۇبلارنىڭ قىزىق يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىسىدە تۆت خىل چىراي بار ئىدى. بۇلار تەرتىپ بويىچە (10:1) ئىنسانىنىڭ، شىرنىڭ، بۇقىنىڭ ۋە بۈركۈتنىڭ چىرايى ئىدى. مىلادىيە ئىككىنچى ئەسىردىن تارتىپ مەسىھي ئالىملار بۇ تۆت چىرايدىن «تۆت بايان»دا ئايرىم-ئايرىم ئالاھىدە تەكىتلەنگەن مەسىھ ئەيسانىڭ تۆت تەرىپىنى كۆرگىلى بولىدۇ دەپ قاراپ كەلمەكتە. بۇ تۆت چىراي «تۆت بايان»دىكى مەزمۇنلارنى ئىخچاملاشقا تولىمۇ باپ كېلىدۇ: —

(1) ئىنساننىڭ چىرايى — «لۇقا»دا ئەيسانىڭ ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى، بوۋاق ۋاقتى، ياشلىق ۋاقتى، ئىچكى ھېسسىياتلىرى، دۇئا قىلىشلىرى، بولۇپمۇ ئىنسان سۈپىتىدە ئەرشتىكى ئاتىسىغا پۈتۈنلەي تايانغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

(2) شىرنىڭ چىرايى — شىر «ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى» («پەند.» 30:30) بولۇپ، ئەيسانىڭ «ماتتا»دا سۈرەتلىنىشىدۇر. ماتتا مەسىھنى «ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى»، «يەھۇدانىڭ شىرى» («ۋەھ.» 5:5) سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىنىڭ ئۇنىڭدا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ باشقا ھەرقانداق پادىشاھلىققا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

(3) بۇقىنىڭ چىرايى — بۇقا ئائىلىدە ئىشلەيدىغان ھايۋان بولۇپ، ئەيسانىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن كىچىك پېئىللىق بىلەن قىلغان خىزمىتىنى سۈرەتلەيدۇ. مەسىھنىڭ بۇ خىزمىتى «ماركۇس»نىڭ بايانىدا ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ (مەسىلەن، 45:10نى كۆرۈڭ). ماركۇس ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرى «دەرھال» ياكى «تۇساتتىن» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆز بەزىدە «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نىڭ ئىنسانلارنىڭ جىددىي ھاجەتلىرىگە بولغان ئىنكاسىنى، بەزىدە خۇدانىڭ ئۆز قۇلىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەيسانىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ ئىشلىرىنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

(4) بۈركۈتنىڭ چىرايى — بۈركۈت باشقا ھەممە ئۇچار-قاناتلارغا قارىغاندا ئەڭ ئېگىز پەرۋاز قىلىدىغان قۇشتۇر. بۈركۈتنىڭ چىرايى — «يۇھاننا»دا ئەيسانىڭ خۇدانىڭ تەبىئىتىدە بولغانلىقى تەكىتلىنىپ سۈپەتلىنىدۇ. مەسىلەن، «يۇقىرىدىن چۈشكۈچى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» (13:3).

تۆۋەندە بىز بۇ تۆت بايانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ باقايلى: —

# «ماتتا»

ماتتا ئەسلىدە رىم ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن ئىشلىگەن باجگىر ئىدى (9:9). ئۇنداق ئادەملەر كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ دىنىي ئەربابلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايتتى (بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس). لېكىن ماتتا گۇۋاھلىق بەرگىنىدەك، مەسىھ ئۆزىدەك ئەرزىمەس ھېسابلانغان ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى (9:9-13).

ماتتا (بەزىدە «لاۋىي» دەپ ئاتالغان) بىرىنچىدىن بايانىنى يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈن، يەنى ئۇلارغا تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ نۇرغۇن بېشارەتلىرىدىن ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يازغان. ئۇ ئەيسانىڭ ئون ئىككى روسۇلىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزى خاتىرىلىگەن بارلىق ۋەقەلەرنى ئاساسەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەھۇدىي بولۇش سۈپىتى بىلەن تەۋراتتىكى بېشارەتلەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگىدۇر.

ئىككىنچىدىن، ئۇ گەرچە بۇ بايانىنى يەھۇدىيلار ئۈچۈن يازغان بولسىمۇ، مەسىھنىڭ «يات ئەللەر»نى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ كەلگەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «مات.» 1:3-5 (ئەيسانىڭ نەسەبنامىسى ئىچىدە بولغان يات ئەلدىن بولغان ئاياللار توغرىسىدىكى خاتىرە)، 2:1-12 (مەسىھ تۇغۇلغاندا يات ئەللىك «دانىشمەنلەر»نىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلغىلى كېلىشى) 4:12-16 (مەسىھنىڭ «يات ئەللەرنىڭ ماكانى» گالىلىيەدە بولغان خىزمىتى)، 8:5-13 (مەسىھنىڭ يۈزبېشىنىڭ قۇلىنى ساقايتىشى»)، 12:21 («يات ئەللەر»نىڭ كەلگۈسىدە مەسىھكە ئۈمىد باغلىشى)، 12:38-42 (تەۋرات دەۋرىدىكى «يات ئەللەر»دىن بولغان ئېتىقادچىلارنىڭ ئىمانىنىڭ تەرىپلىنىشى)، 15:21-28 (مەسىھنىڭ يات ئەللىك بىر ئايالنىڭ قىزىدىن جىننى قوغلىۋېتىشى)، 21:33-41 (خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى «باشقا بىر ئەلگە» تاپشۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان «ئۈزۈمزارلىق ھەققىدە تەمسىل»)، 22:1-14 (مېھمانلارنىڭ «چەت يوللار»دىن ئېلىپ كېلىنىشىنى كۆرسىتىدىغان «توي زىياپىتى» دېگەن تەمسىل)، 24:14 (پادىشاھلىقنىڭ خۇش خەۋىرىنىڭ بارلىق ئەللەرگە يەتكۈزۈلۈشى)،

45:27 (رىملىق يۈزبېشىنىڭ ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى تونۇشى)، 19:28 (مەسىھنىڭ بارلىق ئەللەرگە خۇش خەۋەرنى جاكارلاشلار دېگەن ئەمرى) قاتارلىق ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

# «ماركۇس»

ماركۇس ئون ئىككى روسۇلنىڭ قاتارىدا بولمىغىنى بىلەن شۈبھىسىزكى ئەيسانىڭ مۇخلىسى ئىدى («مار.» 14:51-52دە ماركۇس ئۆزىنى كۆرسىتىپ يازغان بولۇشى مۇمكىن). بەزىلەر ئۇنى بارناباسنىڭ جىيەنى دەپ قارايدۇ («كول.» 10:4). بىراق يەنە شۇنداق مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇ مەسىھ جامائەتلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ روسۇل پېترۇس بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن باشقا بىر ماركۇس ئىدى («1پېت.» 13:5نى كۆرۈڭ). ماركۇسنىڭ بايانلىرىدا پېترۇسنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى ھەم پېترۇس بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلار خاتىرىلەنگەن.

ماركۇسنىڭ بايانى بۇ «تۆت بايان»نىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن (ئۇ مىلادىيە 58-63 يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان). بايانلاردىن شۇنى بىلىش قىيىن ئەمەسكى، ئۇ باياننى يات ئەللەر، بولۇپمۇ رىملىقلارنىڭ دۇنياسى ئۈچۈن يازدى. مەسىلەن، ئۇ كۆپ يەرلەردە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ (مەسىلەن، 7:3-4). بۇنداق چۈشەندۈرۈشلەر پەقەت يات ئەللەردىن بولغان مۇخلىسلارغىلا كېرەك ئىدى.

ھالبۇكى، كۆپ يەرلەردىمۇ ماركۇس ئاۋۋال ھېچقانداق چۈشەنچە بەرمەيلا يېگى ئەھۋاللار ياكى شەخسلەرنى تىلغا ئالىدۇ (مەسىلەن، 1:2-8دە چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا تۇيۇقسىز تونۇشتۇرۇلىدۇ). روشەنكى، ئۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇشۇ ئىشلار ياكى شەخسلەردىن ئاللىقاچان خەۋىرى بار، دەپ قارىغانىدى. دېمەك، ئۇ بۇ باياننى بىرىنچى ئەسىردە ياشاۋاتقان، مەسىھنىڭ ھاياتى ۋە ئەمەللىرىدىن ئاللىقاچان ئازدۇر-كۆپتۇر خەۋەر تاپقان مۇخلىسلار ئۈچۈن يازغانىدى. شۇڭا روشەنكى، ئۇ باياننى ئاساسلىقى ئېتىقادسىز ئادەملەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد قىلغانلار ئۈچۈن يازغانىدى. ئېھتىمال، بۇ تەرجىمىھال

ئۇلارنىڭ مەسىھنىڭ ئەمەللىرىنى كۆپرەك بىلىۋالايلى دېگەن تەلەپلىرىگە بولغان جاۋابى بولۇشى مۇمكىن.

ماركۇس بۇ باياندا بىزنى ئەيسانىڭ ھېچقانداق نەسەبنامىسى بىلەن تەمىنلىمەيدۇ (بۇ جەھەتتە ئۇ ماتتا ۋە لۇقاغا ئوخشىمايدۇ). سەۋەبى، ماركۇس ئەيسانىڭ «خۇدانىڭ قۇلى» ئىكەنلىكىنىلا تەكىتلىمەكچى بولىدۇ. «قۇل» سۆپىتىدە بولغان مەلۇم بىر كىشى توغرىسىدا سۆز قىلىش كېرەك بولسا، ئۇنىڭ «كېلىپ چىقىشى» ياكى نەسەبنامىسى مۇھىم ئەمەس؛ ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە پەقەت ئۇنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق باھا بېرىلىدۇ.

ئۇ ئەيسانىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» ئىكەنلىكىنى، يەنى «يەش.» 1:42-4، 10:43، 8-1:44، 12-1:49، 12:53-13:52 قاتارلىق ئايەتلەردە دېيىلگەنلەرنى تەكىتلەيدىغان بايانچى بولۇپ، ماركۇس بىزگە ئەيسانىڭ ئەمەل-ھەرىكەتلىرى توغرۇلۇق كۆپرەك خەۋەر بېرىدۇ. ماركۇسنىڭ بايانىدىكى ھالقىلىق ھەقىقەت 45:10دە خاتىرىلەنگەن مەسىھنىڭ سۆزىدۇر. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «چۈنكى ئىنسانئوغلىمۇ دەرۋەقە شۇ يولدا كۆپچىلىك خىزمىتىدە بولسۇن دېمەي، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىدە بولاي ۋە جېنىمنى پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى ھۆرلۈككە چىقىراي دەپ كەلدى».

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، «دەرھال» دېگەن بۇ سۆز ئۇ ياخشى كۆرۈپ ئىشلىتىدىغان سۆزلەردىن بىرى ئىدى. بۇ سۆز بىر تەرەپتىن مەسىھنىڭ ئىنسانلارنىڭ جىددىي موھتاجلىرىغا تېز ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خۇدانىڭ مەسىھنىڭ ھاياتىدىكى ۋەقەلەرنى مۆجىزىلىك ھالدا تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ باياندا خۇدا ھەممىمىزگە «بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭدىن تولۇق خۇرسەنمەن!» (11:1) دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

# «لۇقا»

لۇقا توغرۇلۇق يۇقىرىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ باشقا بايانچىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىككى تەرىپى بار. بىرىنچىدىن لۇقا مەسىھنىڭ ئەمەللىرىگە ئۆز كۆزى بىلەن گۇۋاھچى ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، مەسىھ يەر يۈزىدە خىزمەت قىلغان ۋاقىتتا ئۇ تېخى ئۇنىڭ مۇخلىسى بولمىغانىدى. ئۇ تېۋىپ بولۇپ، يەھۇدىي مىللىتىدىن ئەمەس، بەلكى نامەلۇم بىر مىللەتتىن ئىدى. روسۇل پاۋلۇس تروئاس شەھىرىگە كەلگەندە، ئۇ روسۇل پاۋلۇستىن مەسىھنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئېتىقاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن. «روس.» 6:16-13نى كۆرۈڭ. بۇ ئايەتلەردە «ئۇلار» دېگەن سۆز «بىز» دېگەن سۆزگە ئايلىنىدۇ — دېمەك، لۇقا شۇ چاغدا پاۋلۇسنىڭ «روسۇللۇق ئەترىتى»نىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغان (لۇقا يەنە «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نىڭ مۇئەللىپىدۇر). شۇنداق ئىكەن، لۇقا ئۆز بايانلىرىنى قانداق يازغان بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇ روسۇل پاۋلۇسقا دائىم دېگۈدەك ھەمراھ ۋە ياردەمچى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆپ يەرلەردىكى جامائەتلەرنى يوقلىغان، شۇنداقلا بۇ جامائەتلەردە مەسىھنىڭ دەسلەپكى چاغدىكى مۇخلىسى بولغان، ياكى ئۆز كۆزى بىلەن ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن، ئۆز قۇلىقى بىلەن تەلىمىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن قېرىنداشلار بىلەن تونۇشۇشقا مۇيەسسەر بولغان بولۇشى مۇمكىن («كول.» 14:4، «2تىم» 11:4، «فلم.» 24). ئۇنىڭ بايانى ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى زىيارەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ بىرگە شۇنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇكى، ئۇنىڭ بايانىدىكى بارلىق مەلۇمات-خەۋەرلەر ئۇنىڭ مەسىھكە شەخسەن گۇۋاھچى بولغانلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەن خەۋەرىدىن ئىبارەتتۇر (1:1-4). بۇ تۆت ئايەتتىكى «ئەدەبىي ئۇسلۇب»تىن شۇنىمۇ كۆرەلەيمىزكى، ئۇ ئىنتايىن ئوقۇمۇشلۇق ۋە ئالىي مەلۇماتلىق ئادەم ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق «ئەدەبىي ئۇسلۇب»ى پەقەت بۇ تۆت ئايەتتىلا كۆرۈلىدۇ. بايانىدىكى باشقا ئايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇلار ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك بولسۇن دەپ ئاددىي گرېك تىلىدا يېزىلغان. ئۇ ئەسلى بايانىنى «تېئوفىلۇس» (3:1 — مەنىسى، «خۇدانى سۆيگۈچى») دېگەن مۆتىۋەر بىر كىشىگە بېغىشلىغان. تېئوفىلۇس بەلكىم لۇقاغا ئىقتىساد جەھەتتىن

كۆپرەك سەپەر قىلىپ مەسىھگە گۇۋاھچى بولغانلار بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەن، شۇنىڭدەك بايانىنى يېزىشقا ۋاقىت ۋە شارائىتلارنى تەمىنلىگەن پۇلدار بىر ئېتىقادچى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىزمۇ ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ!

يەنە شۇنداق مۇمكىنچىلىكمۇ باركى، ئەينى ۋاقىتتا تېئوفىلۇس رىم جەمئىيىتىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادۋوكات بولۇپ، پاۋلۇسنىڭ سوراق ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، لۇقانىڭ ئەيسانىڭ تەرجىمىھالى بولغان «لۇقا»نى ۋە «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نى يېزىشتىكى مەقسىتى تېئوفىلۇسقا پاۋلۇسنى («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 28-بابنى كۆرۈڭ)، شۇنداقلا ئۇ جاكارلىغان ئېتىقادنى رىم ئىمپېراتورى قەيسەر ئالدىدا ئاقلاش ئىسپاتى بىلەن تولۇقراق تەمىنلەشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. لۇقانىڭ ئىككى ئەسىرىدە بۇ مۇمكىنچىلىكنى كۆرسىتىدىغان قىزىقارلىق ئىسپاتلارنىڭ پۇراقلىرى بار (شۇنىڭدەك تېئوفىلۇس بۇ ئەسەرلەرنى يېزىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشقا ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن).

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تارىخشۇناسلار (مەيلى ئېتىقادچى ياكى ئېتىقادچى ئەمەسلەر بولسۇن) لۇقانى «بىرىنچى دەرىجىلىك تارىخچى»، بىرىنچى ئەسىردىكى پەلەستىندىكى ۋە رىم ئىمپېرىيەسىدىكى ئىشلارغا «ئەڭ ئىشەنچلىك گۇۋاھچى»، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، روسۇل پاۋلۇس سەپەر قىلغان مەلۇم بىر يەرنى تەسۋىرلىگىنىدە، لۇقا ھەردائىم شۇ يەردىكى مەرتىۋىلەرگە خاس بولغان ئالاھىدە ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ. روشەنكى، ئۇ ھېچقانداق مۇبالىغىلەشتۈرمەي ياكى پەردازلىمايلا ھەر ئىشنى ئۆز ئەينى بويىچە تەسۋىرلەيدۇ.

ئوقۇرمەنلەر يەنە بەلكىم شۇنى بايقايدۇكى، لۇقا تېۋىپ سالاھىيىتىدە بولغاچقا، ئەيسا ساقايتقان كېسەللەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋاللىرىغا قىزىقىپ، شۇلارنى تولۇقراق بايان قىلىدۇ. ئۇ يەنە مەسىھنىڭ قىز-ئاياللارغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قىممىتى بار بولغان شەخسلەر دەپ قارايدىغان مېھرىبانلارچە مۇئامىلىسىگە ئىنتايىن قىزىقىدۇ (26:4، 37:7-50، 43:8-48، 38:10-42، 11:13-16).

بىز لۇقانىڭ بايانىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇ ئەيسانىڭ ئانىسى مەريەم بىلەن شەخسەن پاراڭلاشقان، چۈنكى ئۇ بىزگە مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى توغرۇلۇق

كۆپ تەپسىلاتلارنى ۋە بەزى ۋاقىتلاردا مەريەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى خاتىرىلەيدۇ (2:51).

ئۇ بايانلىرىنىڭ بېشىدا «ھەممە ئىشنى تەرتىپ بويىچە بايان قىلغانمەن» دەپ يازىدۇ. ئۇ شۇنداق ئەستايىدىل تارىخچى بولغاچقا، بىز ئۇنىڭ بۇ بايانلىرىنىڭ مەسىھنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەمەل-ھەرىكەتلىرىنى توپتوغرا «تارىخىي تەرتىپ» بويىچە رەتلەپ چىققانلىقىغا ئىشىنىمىز. باشقا بايانلار بولسا بەلكىم ئۇنداق قاتتىق «تارىخىي تەرتىپ»تە يېزىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ھەربىر باياندا ئۆزىنىڭ تەكىتلىگەن تەرەپلىرى بار؛ مەسىلەن، ماركۇس مەلۇم بىر ھەقىقەتنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن بەزى ۋەقەلەرنى تارىخ تەرتىپىگە قارىماي يىغىنچاقلاپ تەسۋىرلەيدۇ.

# «يۇھاننا»

يۇھاننانىڭ بايانىدىكى بىرىنچى ئايەتنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ يېزىش نۇقتىئىنەزىرىنىڭ باشقا بايانچىلارنىڭكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. ماركۇس بايانىنى چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ «تارىخ سەھنىسىگە تۇيۇقسىز چىقىش»ى بىلەن باشلايدۇ («مار.» 1:1-18). ماتتا بايانىنى ئىبراھىمنىڭ ۋە داۋۇتنىڭ ئەيسانىڭ ئەجدادلىرى ئىكەنلىكى بىلەن باشلايدۇ («مات.» 1:1-17). لۇقا بايانىنى ئەيسانىڭ ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئەيسانىڭ نەسەبنامىسىنى ئادەمئاتىمىز بىلەن باشلايدۇ («لۇقا» 3:23-38). يۇھاننا بولسا بايانىنى بۇلار بىلەن ئەمەس، بەلكى «دەسلەپتە» يەنى «ھەممىدىن بۇرۇن» بولغان ئىشلار بىلەن باشلايدۇ: — «ھەممىدىن بۇرۇن «كالام» (سۆز) مەۋجۇت ئىدى. ئۇ خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم ئۆزى خۇدا ئىدى» («يۇھ.» 1:1). روشەنكى، ئۇ ئۆز بايانىنى يېزىشتا، ئوقۇرمەنلەر ئاللىقاچان ماتتا، ماركۇس ياكى لۇقانىڭ بايانلىرىنى ھەتتا باشقىلارنىڭكىنى ئوقۇپ يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولدى دەپ ئويلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇھاننا ئۇشبۇ

باياندا ئۇ مەسىھنىڭ تولۇقراق بىر تەرجىمىھالىنى يېزىشنى مەقسەت قىلمىغان؛ ئۇ بەلكى ئۆزى بىزگە ئۇقتۇرغاندەك، مەسىھنىڭ بىرنەچچە ئالاھىدە سۈپەتلىرىنى ئايان قىلىدىغان، ئۆزى زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان مەلۇم ۋەقەلەر (ئالامەت بەلگىلەر» «مۆجىزىلىك ئالامەتلەر» ياكى «كارامەت بەلگىلەر»)نى ۋە ۋەز-تەلىملەرنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى بىز ئۈچۈن خاتىرىلەيدۇ. تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ باياننىڭ ئاخىرىدىن ئېلىنغان بىر جۈملىنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: — «ئەيسا مۇخلىسلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ كىتابتا خاتىرىلەنمىگەن باشقا نۇرغۇن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنىمۇ كۆرسەتتى. لېكىن مۇشۇلار سىلەرنى ئەيسانىڭ مەسىھ، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسۇن ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ نامى ئارقىلىق ھاياتلىققا ئېرىشسۇن، دەپ يېزىلدى» (20:30-31). شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ باياننى مۇقەددەس يازمىلار ئىچىدە ئاساسەن تېخى ئېتىقاد قىلمىغانلار ئۈچۈن يېزىلغان بىردىنبىر قىسىمدۇر.

شۇڭا بۇ بايان ئۇنىڭ خۇدا ئالدىدا ئۆزۈن ئىستىقامەت قىلىپ، تولىمۇ ئەستايىدىللىق ۋە ئېھتىيات بىلەن (شۇنداقلا ئىشىنىمىزكى، مۇقەددەس روھنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەنمۇ) مەسىھنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە تەلىمىنىڭ جەۋھىرىنى ئايان قىلىدىغان ۋەقەلەر ۋە بايانلار توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويلىنىپ تاللىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

2-بابتا، مەسىھ سۇنى شارابقا ئايلاندۇرغان مۆجىزىنى يارىتىدۇ. ئالتە چوڭ ئىدىش سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئىچىدىكى سۇ ئۇسسۇلۇپ مېھمانلارغا توشۇلغاندا، شارابقا ئايلىنىدۇ. شاراب مۇقەددەس يازمىلاردا مول، خۇشاللىققا تولغان ھاياتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ («زەبۇر» 15:104) —

«ئۇ (خۇدا) ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان شارابنى،
ئىنسان يۈزىنى پارقىرىتىدىغان ماينى چىقىرىدۇ؛
ئىنساننىڭ يۈرىكىگە نان بىلەن قۇۋۋەت بېرىدۇ».

يۇھاناننىڭ باياندا، مەسىھ بىلەن ئۇچراشقانلىقى سەۋەبلىك ھاياتى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن ئالتە شەخس ئالاھىدە تەسۋىرلىنىدۇ. كۆپ مەسىھي ئالىملار يۇھاناننى «سۇ شارابقا ئايلاندۇرۇلغان ئالتە ئىدىش»نى شۇ ئالتە شەخسكە ئوخشىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە شۇ ئالتە شەخسنىڭ

«سۆ»دەك تەمسىز ھاياتى ئەيسا بىلەن ئۇچرىشىش بىلەن ئېسىل تەملىك ھاياتقا ئايلانغان.
ئۇ ئالتە شەخس بولسا: —

(1) پەرىسىي نىكودېمۇس (3:1-21)
(2) سامارىيەلىك ئايال (4:4-42)
(3) بەيت-ئەسدادىكى پالەچ ئادەم (5:1-16)
(4) زىنا ئۈستىدە تۇتۇلغان ئايال (8:1-11)
(5) يېرۇسالېمدىكى كور ئادەم (9:1-41)
(6) لازارۇس (ئۆلۈمدىن تىرىلگەن) (11:1-57)

يۇھاننا پەقەت مەسىھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ياكى ئەمىلىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن يەتتە كارامەتنى («مۆجىزىلىك ئالامەت»نى) تاللاپ خاتىرىلەيدۇ: —
(1) توي زىياپىتىدە سۇنى شارابقا ئايلاندۇرۇش (2:1-11) (مەسىھ خۇشاللىق كەلتۈرگۈچىدۇر)
(2) ھۆكۈمدارنىڭ ئوغلىنى ساقايتىش (4:46-54) (مەسىھ يىراق يەرلەرنىڭمۇ ئىگىسىدۇر)
(3) بەيت-ئەسدادىكى پالەچنى ساقايتىشى (5:1-16) (مەسىھ شىپانىڭ ئىگىسىدۇر — پالەچ 38 يىل ماگالمىغان ئىدى)
(4) بەش مىڭ ئادەمنى تويدۇرۇش (6:1-14) (مەسىھنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن «ھاياتلىق نان»دۇر).
(5) مۇخلىسلار كېمىدە ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ يېنىغا سۇ ئۈستىدە مېڭىپ بېرىش (6:15-21) (مەسىھ ئالەمنىڭ شەيئىلىرىنىڭ ئىگىسىدۇر)
(6) يېرۇسالېمدىكى كور ئادەمنى ساقايتىش (9:1-41) (مەسىھ «دۇنيانىڭ نۇرى»دۇر)
(7) لازارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈش (11:1-57) (مەسىھ «تىرىلىش ۋە ھايات»تۇر)

بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاياتىمىزغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك روھىي ئەھمىيىتى باردۇر. يۇھاننانىڭ مەقسىتى بىزنى بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئويلاندۇرۇش، ئەلۋەتتە!

بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەلۋەتتە ئەڭ چوڭ مۆجىزىنى قوشۇش كېرەك. ئۇ بولسىمۇ:

(8) مەسىھنىڭ تىرىلىشى!

«مىسىردىن چىقىش» 3:15-16دە پەرۋەردىگارنىڭ نامى «مەن ئۆزۈمدۇرمەن» دەپ ئايان قىلىندۇ. «يۇھاننا»دا مەسىھنىڭ بۇ نام بىلەن ئۆزىنى ئايان قىلىشتىكى يەتتە مۇھىم بايانى خاتىرىلەنگەن: —

(1) «مەن ھاياتلىق ناندۇرمەن» (35:6)
(2) «مەن دۇنيانىڭ نۇرىدۇرمەن» (12:8، 5:9)
(3) «مەن ئىشىكدۇرمەن» (7:10، 9)
(4) «مەن ياخشى باققۇچىدۇرمەن» (11:10)
(5) «مەن تىرىلىش ۋە ھاياتلىقتۇرمەن» (25:11)
(6) «مەن يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىقتۇرمەن» (6:14)
(7) «مەن ھەقىقىي ئۈزۈم تېلىدۇرمەن» (1:15)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ بۇ قىسقا تونۇشتۇرۇش سۆزى ئىچىدە يەنە شۇنى كۆرستىش ئىنتايىن مۇھىمكى، يۇھاننا بىزنىڭ ئەيسانىڭ ھەم يۈز پىرسەنت ئىنسان ھەم يۈز پىرسەنت خۇدانىڭ تەبىئىتىدە بولغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزنى خالايدۇ. بۇ، ئەيسانىڭ ئىنسان تەبىئىتىدە بولغانلىقىنى ئايدىڭ قىلىپ كۆرسەتكەن ئايەتلەردىن (مەسىلەن 14:1) ھەمدە ئۇنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئايەتلەردىنمۇ كۆرۈنىدۇ (6:4-7، 28:19).

يۇھاننا بۇ بايانىنى قاچان يازغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن مەسىلىگە

كەلسەك، تۆرلۈك تارىخىي ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، بۇ باياننى بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ مىلادىيە 90-95-يىللار ئارىلىقىدا يازغان بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، ئۇ بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تەخمىنەن ئاتمىش يىلدىن كېيىن، يەنى ياشانغان چېغىدا يازغان. شۇڭا بەزى ئېتىقادسىز ئادەملەر مەسخىرە قىلىپ: «شۇنچە ياشقا كىرگەن بۇ ئادەم بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى قانداق ئېسىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟» دەپ ئۆز گۇمانلىرىنى ئىپادىلىشىدۇ. تەرجىمانلاردىن بىرى بىر قېتىم سەكسەن ياشقا كىرگەن يېڭى زېلاندىيالىق پروفېسسور بلېكلوكنىڭ «يۇھاننا» توغرۇلۇق لېكسىيە ئوقۇغانلىقىنى، شۇنداقلا دەل شۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. ئۇ پروفېسسور 80 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى يوقلىمىدىكى تەرتىپ بويىچە ھەممىسىنى يادلاپ بەرگەن ئاندىن: — «مەن 80 ياشقا كىرگەن بولساممۇ، شۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى ئېسىمدىن چىقارمىغان يەردە، روسۇل يۇھاننانىڭ ئۆز ھاياتىنى مۇتلەق ئۆزگەرتكەن، ئۆزىنى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ئېلىپ بارغان مۇشۇنداق كۈچلۈك ۋەقەلەرنى ئېسىدە تۇتۇشىنى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ھېسابلىغىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇھاننا ئۆزى بىز ئۇچۇن مەسىھنىڭ «ياردەمچى، يەنى مۇقەددەس روھ سىلەرگە ھەممىنى ئۆگىتىدۇ ھەم مېنىڭ ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىمنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرىدۇ» دېگەن ۋەدىسىنى خاتىرىلەيدۇ» — دېدى.

**ئەينى تېكستكە يەنە سۆز قوشقان بولساق بىز بۇ سۆزلەرنى** <u>مۇشۇ رەڭدە</u> **بېرىمىز.**

# ئىنجىل 1-قىسىم

# «ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»

## كىرىش سۆز

ئاۋۋال، پۈتكۈل ئىنجىلغا قوشقان «كىرىش سۆز»ىمىزدىكى «ئەيسانىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتى خاتىرىلەنگەن «تۆت بايان»غا كىرىش سۆز»ىمىزدە شەرھلىگەن «ماتتا» توغرۇلۇق مەزمۇننى كۆرۈڭ.

### مەزمۇن: -

1. ئەيسانىڭ نەسەبنامىسى ۋە دۇنياغا كېلىشى (1-، 2-بابلار)
2. ئەيسانىڭ خىزمىتى باشلىنىش ئالدىدا (3-بابتىن 4-باب 11-ئايەتكىچە)
3. ئەيسانىڭ گالىلىيەدىكى خىزمىتى (4-باب 12-ئايەتتىن 18-بابقىچە)
4. ئەيسانىڭ گالىلىيەدىن يېرۇسالېمغا سەپىرى (19-، 20-بابلار)
5. ئەيسانىڭ يەر يۈزىدىكى خىزمىتىنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى (21-27-بابلار)
6. ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى (28-باب)

# ماتتا

## «ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»
## ئەيسا مەسىھنىڭ نەسەبنامىسى

1 1 بۇ ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ۋە داۋۇتنىڭ ئوغلى بولغان ئەيسا
مەسىھنىڭ نەسەبنامە كىتابىدۇر: ــ
2 ئىبراھىمدىن ئىسھاق تۆرەلدى، ئىسھاقتىن ياقۇپ تۆرەلدى، ياقۇپ
يەھۇدا ۋە ئۇنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ ئاتىسى بولدى؛ 3 يەھۇدادىن
تامار ئارقىلىق پەرەز ۋە زەراھ تۆرەلدى؛ پەرەزدىن ھەزرون تۆرەلدى،
ھەزروندىن رام تۆرەلدى، 4 رامدىن ئاممىناداب تۆرەلدى، ئاممىنادابدىن
ناھشون تۆرەلدى، ناھشوندىن سالمون تۆرەلدى، 5 سالموندىن راھاب
ئارقىلىق بوئاز تۆرەلدى، بوئازدىن رۇت ئارقىلىق ئوبەد تۆرەلدى،
ئوبەدتىن يەسسە تۆرەلدى، 6 يەسسەدىن داۋۇت پادىشاھ تۆرەلدى.
داۋۇتتىن ئۇرىيانىڭ ئايالى ئارقىلىق سۇلايمان تۆرەلدى، 7 سۇلايماندىن
رەھوبوئام تۆرەلدى، رەھوبوئامدىن ئابىيا تۆرەلدى، ئابىيادىن ئاسا

---

1:1 **«ئەيسا مەسىھنىڭ نەسەبنامە كىتابى»** ــ بۇ سۆزلەر بەلكىم بىرىنچىدىن تۆۋەندىكى «نەسەبنامە»نى (1-16-ئايەتنى) كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن ئۇلار ھەم «ماتتا» كىتابىنىڭ بېشىدا ۋە تولۇق ئىنجىلنىڭ بېشىدا كېلىپ «بۇ كىتاب ئەيسا مەسىھ دەۋرىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**1:1** لۇقا 1:31-32

**2:1** يار. 2:21؛ 26:25، 35.

3:1 **«يەھۇدادىن تامار ئارقىلىق پەرەز ۋە زەراھ تۆرەلدى»** ــ تامار توغرۇلۇق «يار.» 38-بابنى كۆرۈڭ.

**3:1** يار. 27:38، 29؛ رۇت 18:4، 19؛ 1تار. 5:2، 9.

5:1 **«سالموندىن راھاب ئارقىلىق بوئاز تۆرەلدى»** ــ راھاب توغرۇلۇق «يەشۇئا» 2-بابنى كۆرۈڭ. **«بوئاز رۇت ئارقىلىق ئوبەد تۆرەلدى»** ــ رۇت توغرۇلۇق تەۋراتتىكى «رۇت»نى كۆرۈڭ.

**6:1** رۇت 22:4؛ 1سام. 1:16؛ 12:17؛ 1تار. 15:2؛ 18:12.

**تۆرەلدى، 8ئاسادىن يەھوشافات تۆرەلدى، يەھوشافاتتىن يەھورام**
**تۆرەلدى، يەھورامدىن ئۇززىيا تۆرەلدى، 9ئۇززىيادىن يوتام تۆرەلدى،**
**يوتامدىن ئاھاز تۆرەلدى، ئاھازدىن ھەزەكىيا تۆرەلدى، 10ھەزەكىيادىن**
**ماناسسەھ تۆرەلدى، ماناسسەھدىن ئامون تۆرەلدى، ئاموندىن يوشىيا**
**تۆرەلدى؛ 11بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغاندا يوشىيادىن يەكونىياھ ۋە**
**ئۇنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى تۆرەلدى. 12بابىلغا سۈرگۈن بولغاندىن كېيىن،**
**يەكونىياھدىن شېئالتىئەل تۆرەلدى، شېئالتىئەلدىن زەرۇببابەل تۆ**
**رەلدى، 13زەرۇببابەلدىن ئابىھۇد تۆرەلدى، ئابىھۇددىن ئېلىئاقىم**
**تۆرەلدى، ئېلىئاقىمدىن ئازور تۆرەلدى، 14ئازوردىن زادوك تۆرەلدى،**
**زادوكتىن ئاقىم تۆرەلدى، ئاقىمدىن ئەلىھۇد تۆرەلدى، 15ئەلىھۇدتىن**
**ئەلىئازار تۆرەلدى، ئەلىئازاردىن ماتتان تۆرەلدى، ماتتاندىن ياقۇپ**
**تۆرەلدى، 16ياقۇپتىن مەريەمنىڭ ئېرى بولغان يۇسۇپ تۆرەلدى؛ مەريەم**
**ئارقىلىق مەسىھ ئاتالغان ئەيسا تۇغۇلدى.**
**17شۇنداق بولۇپ، ئىبراھىمدىن داۋۇتقىچە بولغان ئارىلىقتا جەمئىي**
**ئون تۆت ئەۋلاد بولغان؛ داۋۇتتىن بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغىچە جەمئىي**
**ئون تۆت ئەۋلاد بولغان؛ ۋە بابىلغا سۈرگۈن قىلىنىشتىن مەسىھ**
**كەلگۈچە جەمئىي ئون تۆت ئەۋلاد بولغان.**

---

**7:1** 1پاد. 11:43؛ 1تار. 10:3.

**8:1 «يەھوشافاتتىن يەھورام تۆرەلدى»** — «يەھورام» گرېك تىلىدا قىسقارتىلما شەكلىدە «يورام» بولىدۇ.

**11:1 «بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغاندا...»** — سۈرگۈن قىلىنىشنىڭ باشلىنىشىدىن ئاخىرلىشىشىغىچە ئون نەچچە يىل جەريان بولغان. ئىسرائىللار تۈركۈم-تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈپ سۈرگۈن قىلىنغان.

**11:1** 1تار. 16:3.

**12:1 «يەكونىياھدىن شېئالتىئەل تۆرەلدى»** — بۇ قىزىق خەۋەر ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ. «شېئالتىئەل» گرېك تىلىدا «سالاتىيەل».

**12:1** 1تار. 17:3؛ ئەزرا 2:3.

**16:1 «ياقۇپتىن مەريەمنىڭ ئېرى بولغان يۇسۇپ تۆرەلدى»** — بىزنىڭ پىكرىمىزچە «ماتتا»دا يۇسۇپنىڭ نەسەبنامىسى خاتىرىلىنىدۇ. «لۇقا»دا مەريەمنىڭكى خاتىرىلىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ.

## ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى

18 ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى مۇنداق بولدى: ــ ئۇنىڭ ئانىسى
مەريەم يۈسۈپكە ياتلىق بولۇشقا ۋەدە قىلىنغانىدى؛ لېكىن تېخى
نىكاھ قىلىنمايلا، ئۇنىڭ مۇقەددەس روھتىن ھامىلدار بولغانلىقى
مەلۇم بولدى.
19 لېكىن ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرى يۈسۈپ، دۇرۇس كىشى بولۇپ، ئۇنى
جەمئىيەت ئالدىدا خىجالەتكە قالدۇرۇشنى خالىماي، ئۇنىڭدىن
ئاستىرتىن ئاجرىشىپ كېتىشنى نىيەت قىلدى.
20 ئەمما ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ يۈرگىنىدە، مانا پەرۋەردىگارنىڭ
بىر پەرىشتىسى ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرۈنۈپ ئۇنىڭغا: ــ ئەي داۋۇتنىڭ
ئوغلى يۈسۈپ، ئايالىڭ مەريەمنى ئۆز ئەمرىڭگە ئېلىشتىن قورقما؛
چۈنكى ئۇنىڭدا بولغان ھامىلە مۇقەددەس روھتىن كەلگەن. 21 ئۇ بىر
ئوغۇل تۇغىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيسا دەپ قويغىن؛ چۈنكى ئۇ
ئۆز خەلقىنى گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ» ــ دېدى.
22 مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەر ئارقىلىق
دېگەنلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئۈچۈن بولغان، دېمەك: ــ

---

18:1 **«لېكىن تېخى نىكاھ قىلىنمايلا،...»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇلار تېخى بىللە بولمايلا».

**18:1** لۇقا 1:27، 34.

19:1 **«يۈسۈپ... ئۇنى جەمئىيەت ئالدىدا خىجالەتكە قالدۇرۇشنى خالىماي، ئۇنىڭدىن ئاستىرتىن ئاجرىشىپ كېتىشنى نىيەت قىلدى»** ــ ئىبرانىيلار ئارىسىدا يىگىت-قىز بىر-بىرىگە ۋەدىلەشكەن بولسا قانۇن ئالدىدا ئاللىقاچان رەسمىي ئەر-ئايال دەپ ھېسابلىنىدۇ.

21:1 **«ئۇ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيسا دەپ قويغىن؛ چۈنكى ئۇ ئۆز خەلقىنى گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ»** ــ «ئەيسا» گرېك تىلىدا «يېسۇس»، ئىبرانىي تىلىدا «يەشۇئا»، مەنىسى «قۇتقۇزغۇچى ياھ» ياكى «ياھ نىجاتتۇر». ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، «ياھ» بولسا «ياھۋەھ» (پەرۋەردىگار)نىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.

**21:1** لۇقا 1:31؛ روس. 4:12.

22:1 **«مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەر ئارقىلىق دېگەنلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئۈچۈن بولغان...»** ــ ئىنجىلدا، تەۋراتتىكى بېشارەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلگىنىدە، ئۈچ خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ: (1) يۈز بەرگەن ئىش دەل شۇ بېشارەتنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ (مەسىلەن، «مات.» 1:22، 4:14، 12:17، 21:4)؛ (2) يۈز بەرگەن ئىش شۇ بېشارەت ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ۋەقە ياكى ئىش

23 «پاك قىز هامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ؛ ئۇلار ئۇنىڭ ئىسمىنى
ئىممانۇئىل (مەنىسى «خۇدا بىز بىلەن بىللە») دەپ ئاتايدۇ».
24 يۈسۈپ ئويغىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ شۇ پەرىشتىسىنىڭ دېگىنى
بويىچە قىلىپ، مەريەمنى ئەمرىگە ئالدى. 25 لېكىن مەريەم بوشانغۇچە
ئۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىدى. بۇ مەريەمنىڭ تۇنجىسى ئىدى؛ يۈسۈپ
ئۇنىڭغا ئەيسا دەپ ئىسىم قويدى.

## دانىشمەنلەرنىڭ زىيارىتى

2 1 ئەيسا هېرود پادىشاھ هۆكۈم سۈرگەن كۈنلەردە يەھۇدىيە
ئۆلكىسىنىڭ بەيت-لەھەم يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن،
مانا بەزى دانىشمەنلەر مەشرىقتىن يېرۇسالېمغا يېتىپ كېلىپ،
يۇقىرالاردىن: 2 يەھۇدىيلارنىڭ يېڭىدىن تۇغۇلغان پادىشاھى قەيەردە؟
چۈنكى بىز ئۇنىڭ يۇلتۇزىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۇق. شۇڭا،
ئۇنىڭغا سەجدە قىلغىلى كەلدۇق، ــ دېيىشتى. 3 بۇنى ئاڭلىغان هېرود

---

بولىدۇ (مەسلەن، 23:2، 35:13)؛ (3) يۈز بەرگەن ئىش شۇ بېشارەتتە كۆرسىتىلگەن ئىشقا بىر مىسال بولىدۇ (مەسلەن، 17:2). بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

**23:1 «پاك قىز هامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ؛ ئۇلار ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىممانۇئىل مەنىسى «خۇدا بىز بىلەن بىللە» دەپ ئاتايدۇ»** ــ «يەش.» 14:7 ۋە «يەش.» 8:8، 10نى كۆرۈڭ.

**25:1** لۇقا 21:2.

**1:2 «هېرود پادىشاھ هۆكۈم سۈرگەن كۈنلەردە»** ــ «هېرود پادىشاھ» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز» ۋە «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ. **«مانا بەزى دانىشمەنلەر مەشرىقتىن يېرۇسالېمغا يېتىپ كېلىپ...»** ــ «دانىشمەنلەر» ــ گرېك تىلىدا «ماگوي» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەسلىدە بۇ سۆز مۇنەججىملەرنى ياكى پىر-ئۇستازلارنى كۆرسىتەتتى؛ دانىيال پەيغەمبەر بابىلدا مۇنداق كىشىلەرگە «پىرلارنىڭ پىرى» بولۇپ يول كۆرسەتكەندىن كېيىن (تەۋرات، «دانىيال» دېگەن قىسىمنى كۆرۈڭ) «ماگوي»لارنىڭ كۆزقاراشلىرى ۋە هېسابلىرى ئاساسەن خۇراپات بويىچە ئەمەس، بەلكى تەۋراتتىكى بېشارەتلەر بويىچە بولغان بولۇشى مۇمكىن. **«مەشرىقتىن يېرۇسالېمغا يېتىپ كېلىپ...»** ــ يېرۇسالېم قەدىمكى ئىسرائىلنىڭ پايتەختى ئىدى.

**1:2** لۇقا 4:2.

**2:2 «چۈنكى بىز ئۇنىڭ يۇلتۇزىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۇق»** ــ «ئۇنىڭ يۇلتۇزى» ــ دېمەك، «ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدىغان يۇلتۇزى». **«بىز ئۇنىڭ يۇلتۇزىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۇق»** ــ ياكى «بىز ئۇنىڭ يۇلتۇزىنى شەرقتە كۆردۇق».

**پادىشاھ، شۇنىڭدەك پۈتكۈل يېرۇسالېم خەلقىمۇ ئالاقزادىلىككە
چۈشتى. [4] ئۇ پۈتكۈل باش كاھىنلار ۋە خەلقنىڭ تەۋرات ئۇستازلىرىنى
چاقىرىپ، ئۇلاردىن «مەسىھ قەيەردە تۇغۇلۇشى كېرەك؟» ــ دەپ
سورىدى. [5] ئۇلار: «يەھۇدىيەدىكى بەيت-لەھەم يېزىسىدا بولۇشى
كېرەك، ــ چۈنكى پەيغەمبەر ئارقىلىق شۇنداق پۈتۈلگەن: ــ
[6] «ئى يەھۇدىيە زېمىنىدىكى بەيت-لەھەم،
خەلقىڭ يەھۇدىيە يېتەكچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كىچىكى بولمايدۇ؛
چۈنكى سەندىن بىر يېتەكچى چىقىدۇ،
ئۇ خەلقىم ئىسرائىللارنىڭ باققۇچىسى بولىدۇ» ــ دېيىشتى.**

**[7] بۇنىڭ بىلەن، ھېرود دانىشمەنلەرنى مەخپىي چاقىرتىپ، يۇلتۇزنىڭ
قاچان پەيدا بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالدى. [8] ئاندىن: «بېرىپ
بالىنى سۈرۈشتە قىلىپ تېپىڭلار. تاپقان ھامان قايتىپ ماڭا خەۋەر
قىلىڭلار، مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سەجدە قىلىپ كېلەي» ــ
دەپ، ئۇلارنى بەيت-لەھەمگە يولغا سالدى.
[9] دانىشمەنلەر پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يولغا چىقتى؛ ۋە مانا،
ئۇلار شەرقتە كۆرگەن ھېلىقى يۇلتۇز ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ
ماڭدى ۋە بالا تۇرغان يەرگە كېلىپ توختىدى. [10] ئۇلار ھېلىقى يۇلتۇزنى
كۆرگىنىدىن ئىنتايىن قاتتىق شادلىنىشتى [11] ھەم ئۆيگە كىرىپ،
بالىنى ئانىسى مەريەم بىلەن كۆرۈپ، يەرگە يىقىلىپ ئۇنىڭغا سەجدە
قىلىشتى. ئاندىن، خەزىنىلىرىنى ئېچىپ، ئالتۇن، مەستىكى،
مۇرمەككى قاتارلىق سوۋغاتلارنى سۇنۇشتى. [12] ئۇلارغا چۈشىدە**

---

4:2 **«مەسىھ قەيەردە تۇغۇلۇشى كېرەك؟»** ــ «مەسىھ» ــ پەيغەمبەرلەر ئالدىن ئېيتقان، خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان، ھامان بىر كۈنى كېلىپ ھەم نىجات كەلتۈرىدىغان ھەم كېيىن مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قۇتقۇزغۇچى-پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

5:2 **«پەيغەمبەر ئارقىلىق شۇنداق پۈتۈلگەن...»** ــ «پەيغەمبەر» مۇشۇ يەردە تەۋراتتىكى مىكاھ پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ («مىك.» 2:5).

6:2 مىك. 1:5، 2؛ 1سام. 1:16؛ يۇھ. 42:7.

9:2 **«ئۇلار شەرقتە كۆرگەن ھېلىقى يۇلتۇز»** ــ ياكى «ئۇلار ئۇ كۆتۈرۈلگەندە كۆرگەن ھېلىقى يۇلتۇز»

ھېرودنىڭ يېنىغا بارماسلىق توغرىسىدىكى ۋەھىي كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار باشقا يول بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتىشتى.

## مىسىرغا قېچىش

[13] ئۇلار يولغا كەتكەندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ بىر پەرىشتىسى يۈسۈپنىڭ چۈشىدە كۆرۈنۈپ:
ئورنۇڭدىن تۇر! بالا ۋە ئانىسى ئىككىسىنى ئېلىپ مىسىرغا قاچ. مەن ساڭا ئۇقتۇرغۇچە ئۇ يەردە تۇرغىن. چۈنكى ھېرود بالىنى يوقىتىشقا ئىزدەپ كېلىدۇ ـ دېدى. [14] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، شۇ كېچىلا بالا ۋە ئانىسى ئىككىسىنى ئېلىپ مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. [15] ئۇ ھېرود ئۆلگۈچە شۇ يەردە تۇردى. شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەر ئارقىلىق ئالدىن ئېيتقان: «ئوغلۇمنى مىسىردىن مەن چاقىردىم» دېگەن سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

## ھېرودنىڭ ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشى

[16] ھېرود بولسا دانىشمەنلەردىن ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ دانىشمەنلەردىن ئېنىقلىغان ۋاقىتقا ئاساسەن، ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ بەيت-لەھەم يېزىسى ۋە ئەتراپىدىكى ئىككى ياش ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ياشتىكى ئوغۇل باللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزدى. [17] شۇ چاغدا يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتىلغان مۇنۇ سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى: ـ

15:2 «پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەر ئارقىلىق ئالدىن ئېيتقان: «ئوغلۇمنى مىسىردىن مەن چاقىردىم» دېگەن سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى» ــ تەۋرات، «ھوش.» 1:11.

15:2 ھوش. 1:11.

16:2 «ھېرود... ئەتراپىدىكى ئىككى ياش ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ياشتىكى ئوغۇل باللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزدى» ــ دېمەك، ئۇ تۇغۇلغان بالا كۆپ دېگەندە ئىككى ياشقا كىرگەن، دەپ ھېسابلىغانىدى.

[18] «راماھ شەھىرىدە بىر سادا،
ئاچچىق يىغا-زارنىڭ پىغانى ئاڭلىنار،
بۇ راھىلەنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن كۆتۈرگەن ئاھ-زارلىرى؛
بالىلىرىنىڭ يوق قىلىۋېتىلگىنى تۈپەيلىدىن،
تەسەللىنى قوبۇل قىلماي پىغان كۆتۈرىدۇ».

## مىسىردىن قايتىپ كېلىش

[19] ئەمدى ھېرود ئۆلگەندىن كېيىن، خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسى
مىسىردا تۇرغان يۈسۈپنىڭ چۈشىدە كۆرۈنۈپ ئۇنىڭغا: ــ
[20] ئورنۇڭدىن تۇر! بالا ۋە ئانىسىنى ئېلىپ ئىسرائىل زېمىنىغا قايت!
چۈنكى بالىنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولغانلار ئۆلدى، ــ دېدى. [21] بۇنىڭ
بىلەن يۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ بالا ۋە ئانىسىنى ئېلىپ ئىسرائىل
زېمىنىغا قايتتى. [22] ئۇ ئارخېلائۇسنىڭ ئاتىسى ھېرود پادىشاھنىڭ
ئورنىغا تەختكە ئولتۇرۇپ يەھۇدىيە ئۆلكىسىگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ يەرگە قايتىشتىن قورقتى؛ ۋە
چۈشىدە ئۇنىڭغا بىر ۋەھيي كېلىپ، گالىلىيە زېمىنىغا بېرىپ،
[23] ناسارەت دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزىدا ئولتۇراقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن
پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق: «ئۇ ناسارەتلىك دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

---

18:2 **«راماھ شەھىرىدە بىر سادا، ئاچچىق يىغا-زارنىڭ پىغانى ئاڭلىنار»** ــ «راماھ يۇرتى» ياكى «راماھ شەھىرى» بەيت-لەھەمدىن يىراق ئەمەس. **«راماھ شەھىرىدە بىر سادا، ئاچچىق يىغا-زارنىڭ پىغانى ئاڭلىنار، ... بالىلىرىنىڭ يوق قىلىۋېتىلگىنى تۈپەيلىدىن، تەسەللىنى قوبۇل قىلماي پىغان كۆتۈرىدۇ»** ــ پۈتكۈل بېشارەت «يەر.» 15:31دە تېپىلىدۇ

**18:2** يەر. 15:31

23:2 **«ئۇ ناسارەتلىك دەپ ئاتىلىدۇ»** ــ بۇ مۇھىم بېشارەتلىك سۆز توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**23:2** يەش. 1:11؛ 21:60؛ زەك. 12:6.

## چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ تەلىم بېرىشى

مار. 1:1-8؛ لۇقا 3:1-9؛ 15-17؛ يـۇھ. 1:19-28

3 1 شۇ چاغلاردا، چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا يەھۇدىيەدىكى چۆل-
باياۋانغا كېلىپ 2 كىشىلەرگە:
تـوۋا قىلىڭلار! چـۈنكى ئەرش پادىشاھلىقى يېقىنلىشىپ قالدى!
ــ دەپ جاكارلاشقا باشلىدى. 3 چۈنكى چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا بولسا
ئىلگىرى يەشايا پەيغەمبەر بېشارىتىدە كۆرسەتكەن كىشىنىڭ دەل
ئۆزى بولۇپ: ــ
«باياۋاندا توۋلايدىغان بىر كىشىنىڭ:
رەبنىڭ يولىنى تەييارلاڭلار،
ئۇنىڭ چىغىر يوللىرىنى تۈپتۈز قىلىڭلار! ــ دېگەن ئاۋازى
ئاڭلىنىدۇ».

4 يەھيا پەيغەمبەر تۆگە يۇڭىدىن قىلىنغان كىيىم كىيگەن، بېلىگە
كۆن تاسما باغلىغانىدى. يەيدىغىنى بولسا چېكەتكىلەر بىلەن ياۋا
ھەرە ھەسىلى ئىدى. 5 ئەمدى يېرۇسالېم شەھىرى، پۈتۈن يەھۇدىيە
ئۆلكىسى ۋە پۈتكۈل ئىئوردان دەريا ۋادىسىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشىپ، 6 گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىشتى ۋە ئۇنىڭ

---

**1:3 «شۇ چاغلاردا، چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا يەھۇدىيەدىكى چۆل-باياۋانغا كېلىپ...»** ــ «يەھيا» ئىبرانىي ۋە گرېك تىللىرىدا «يۇھاننا» («پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتى» دېگەن مەنىدە) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «يەھيا» دېگەن ئىسىم ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇ شەكىلدە تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مۇشۇ تەرجىمىدە ئىشلەتتۇق («يەھيا» ئەسلى ئەرەبچە سۆز ئىدى).

**1:3** مار. 4:1؛ لۇقا 3:3.

**2:3 «... ئەرش پادىشاھلىقى يېقىنلىشىپ قالدى!»** ــ ئىنجىلدا باشتىن-ئاخىر «ئەرش پادىشالىقى» ياكى «ئاسماننىڭ پادىشاھلىقى» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. گرېك تىلىدا دائىم «ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى» دېگەن شەكىلدە ئېلىنىدۇ.

**3:3 «باياۋاندا توۋلايدىغان بىر كىشىنىڭ: رەبنىڭ يولىنى تەييارلاڭلار، ئۇنىڭ چىغىر يوللىرىنى تۈپتۈز قىلىڭلار! ــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ»** ــ «يەش.» 3:40.

**3:3** يەش. 3:40؛ مار. 3:1؛ لۇقا 4:3؛ يـۇھ. 23:1.

**4:3** مار. 6:1.

# قانائان (پەلەستىن) زېمىنى — ئىنجىل دەۋرىدە



**ئۆزلىرىنى ئىئوردان دەرياسىدا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشتى.**
**7 لېكىن پەرىسىي ۋە سادۇقىي مەزھەپىدىكىلەردىن كۆپلىرىنىڭ**
**ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغىلى كەلگەنلىكىنى كۆرگىنىدە**
**ئۇ ئۇلارغا:**
**ئەي يىلانلارنىڭ باللىرى! كىم سىلەرنى خۇدانىڭ چۈشۈش ئالدىدا**
**تۇرغان غەزىپىدىن قېچىڭلار دەپ ئاگاھلاندۇردى؟!**
**8 ئەمدى توۋىغا لايىق مېۋىنى كەلتۈرۈڭلار! 9 ۋە ئۆز ئىچىڭلاردا:**
**«بىزنىڭ ئاتىمىز بولسا ئىبراھىمدۇر!» دەپ خىيال قىلىپ يۈرمەڭلار؛**
**چۈنكى مەن شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، خۇدا ئىبراھىمغا مۇشۇ**
**تاشلاردىنمۇ پەرزەنتلەرنى ئاپىرىدە قىلالايدۇ.**

---

3:6 **«... يەھيانىڭ ئۆزلىرىنى ئىئوردان دەرياسىدا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشتى»** — بۇ يەردە ئېيتىلغان چۆمۈلدۈرۈش كىشىلەرنىڭ: (1) ئۆز گۇناھلىرىغا توۋا قىلغانلىقىنى؛ (2) خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا ۋە شۇنداقلا (3) قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىپادىلەيتتى (ئاخىرقى نۇقتا ئىنجىلدىكى كېيىنكى مەزمۇندا ئىسپاتلىنىدۇ).

**3:6** مار. 1:5.

3:7 **«لېكىن پەرىسىي ۋە سادۇقىي مەزھەپىدىكىلەردىن كۆپلىرىنىڭ ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغىلى كەلگەن...»** — «پەرىسىي» ۋە «سادۇقىي» توغرۇلۇق: — يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى ئىككى مەزھەپنىڭ كىشىلىرى. تەبىرلەردىكى «پەرىسىي» ۋە «سادۇقىي»غا قارالسۇن. **«كىم سىلەرنى خۇدانىڭ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان غەزىپىدىن قېچىڭلار دەپ ئاگاھلاندۇردى؟!»** — بۇ كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ، ئەلۋەتتە؛ مەنىسى بەلكىم «توۋا قىلماي، خۇدادىن كېلىدىغان غەزەپتىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلايلى دېگىنىڭلار قانداق گەپ؟!».

**3:7** مات. 12:34؛ 23:33؛ لۇقا 3:7.

3:8 **«ئەمدى توۋىغا لايىق مېۋىنى كەلتۈرۈڭلار!»** — «توۋىغا لايىق مېۋە» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**3:8** لۇقا 3:8.

3:9 **«ئۆز ئىچىڭلاردا: «بىزنىڭ ئاتىمىز بولسا ئىبراھىمدۇر!» دەپ خىيال قىلىپ يۈرمەڭلار!»** — «ئاتىمىز ئىبراھىم باردۇر!» — دېمەك، «بىز ئۇلۇغ ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان «ئۇلۇغ يەھۇدىي مىللىتى»، «بىز ھېچنېمە قىلمىساقمۇ خۇدا ئالدىدا «ئۇنىڭغا خاس ئالاھىدە ھەلق» بولۇۋېرىمىز» دېگەن پوزىتسىيىنى بىلدۈرىدۇ.

**3:9** يۇھ. 8:39.

[10] پالتا ئالـلـقاچان دەرەخـلەرنـىڭ يـىلـتـىـزىغا تەڭـلەپ قويۇلدى؛ ياخشى
مېۋە بەرمـەيدىغان ھەرقايسى دەرەخـلەر كېسىلـىپ ئوتقا تاشلـىنـىدۇ.
[11] مـەن دەرۋەقە سـىلـەرنى تـوۋا قـىلـىـشـىڭلار ئۈچۈن سۇغا چۆمـۈلدۈرىمەن.
لېكـىن مـەنـدىن كـېـيـىن كـەلگـۈچـى زات مـەنـدىـن قـۇدرەتلـىكـتـۇر. مـەن
ھەتتا ئۇنـىڭ كـەشـىـنى كۆتـۈرۈشـكـىمۇ لايـىق ئەمـەسـمەن؛ ئۇ سـىلـەرنى
مۇقەددەس روھقا ھەم ئوتقا چۆمـۈلدۈرىـدۇ. [12] ئۇنـىڭ سورۇغۇچى كۈرىكى
قولـىدا تۇرىدۇ؛ ئۇ ئۆز خامـىـنـىنى توپا-سامانـدىـن تـەلتۆكـۈس تازىلايدۇ،
ساپ بۇغدايـنى ئامـبارغا يـىغـىـدۇ، ئەمـما توپا-سامانـنى ئۆچمەس ئوتتا
كۆيدۈرۈۋېتـىـدۇ، ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشى

مار. 1:9-11؛ لۇقا 3:21-22

[13] شۇ ۋاقـتـتا، ئـەيسا يـەھـيادىـن چـۆمـۈلدۈرۈلـۈشـنى قـوبـۇل قـىـلـىـش
ئۈچـۈن گـالـىـلـىـيە ئۆلكـىـسـىـدىـن ئـىـئوردان دەرياسـى بـويـىـغا، ئـۇنـىـڭ
يېـنـىـغا كـەلدى. [14] بـىراق يەھـيا چۆمـۈلدۈرۈشكە ئۇنـىماي ئۇنى توسـۇپ:
ئەسلى چۆمـۈلدۈرۈلۈشـنى مـەن سـەنـدىـن قـوبۇل قـىلـىـشـىـم كـېـرەك ئـىـدى،
بـىراق سـەن مېـنـىڭ ئالدىمغا كەپسەنغۇ؟ ــ دېدى.
[15] لېـكـىـن ئـەيسا ئۇنـىـڭغا جـاۋابەن: ــ ھازىـرچە شـۇنـىـڭغا يـول قـويغـىـن؛
چـۈنـكـى ھـەققـانـىـيـلـىـقـنـىـڭ بـارلـىـق تـەلـەپلـىـرىـنـى ئـەمـەلـگـە ئـاشـۇرۇش
ئۈچـۈن، شـۇنـداق قـىـلـىـشـىـمـىـزغا تـوغرا كـېـلـىدۇ، ــ دېدى.
شـۇنـىـڭ بـىـلـەن، يـەھـيا ئـۇنـىـڭغا يـول قـويـدى. [16] ۋە ئـەيسا چـۆمـۈلدۈرۈلـۈپ
بـولـۇپـلا، سـۇدىـن چـىـقـتـى؛ ئـۇ سـۇدىـن چـىـقـىـشـى بـىـلـەن مـانـا، ئـەرشـلـەر

10:3 **«پالتا ئالـلـقاچان دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىغا تەڭلەپ قويۇلدى»** ــ يەھيا پەيغەمبەرنىڭ بۇ ئۇلۇغ سۆزى ۋە 12-ئايەتتىكى كېيىنكى بېشارىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. ئۇنىڭ شۇ بايانى «خۇدانىڭ غەزىپى ئەمدى سىلەرگە يېتىپ كېلىش ئالدىدا» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**10:3** مات. 7:19؛ يـۇھ. 15:6.

**11:3** مار. 1:7؛ لۇقا 3:16؛ يـۇھ. 1:15، 26؛ روس. 1:5؛ 11:16؛ 19:4.

**13:3** مار. 1:9؛ لۇقا 3:21.

ئۇنىڭغا ئېچىلىپ، خۇدانىڭ روھى كەپتەر قىياپىتىدە ئەرشتىن
چۈشۈپ، ئۈستىگە قونۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. [17] ۋە مانا، ئەرشتىن
بىر ئاۋاز: ــ «بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭدىن تولۇق
خۇرسەنمەن!» ــ دەپ ئاڭلاندى.

## ئەيسانىڭ چۆل-باياۋاندا سىنىلىشى

مار. 1:12-13؛ لۇقا 1:4-13

4 [1] ئاندىن ئەيسا روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىبلىسنىڭ سىناق-
ئازدۇرۇشلىرىغا يۈزلىنىش ئۈچۈن چۆل-باياۋانغا ئېلىپ
بېرىلدى. [2] ئۇ قىرىق كېچە-كۈندۈز روزا تۇتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
قورسىقى ئېچىپ كەتكەندى. [3] ئەمدى ئازدۇرغۇچى ئۇنىڭ يېنىغا
كېلىپ ئۇنىڭغا:
ئەگەر سەن راستتىنلا خۇدانىڭ ئوغلى بولساڭ، مۇشۇ تاشلارنى نانغا
ئايلىنىشقا بۇيرۇغىن! ــ دېدى.

---

16:3 **«ئەيسا چۆمۈلدۈرۈلۈپ بولۇپلا، سۇدىن چىقتى...»** ــ نېمىشقا ئەيسا يەھيانىڭ چۆمۈلدۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى؟ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ توغرۇلۇق ئازراق توختىلىمىز.
**«خۇدانىڭ روھى كەپتەر قىياپىتىدە ئەرشتىن چۈشۈپ..»** ــ ياكى «... پاختەك قىياپىتىدە چۈشۈپ...». گرېك تىلىدا بۇ قۇش «پېرىستېرا» دەپ ئاتىلىدۇ. «پېرىستېرا» گرېك تىلىدا ھەم كەپتەرنى ھەم پاختەكنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
**16:3** يەش. 2:11؛ 1:42؛ يۇھ. 32:1.
**17:3** يەش. 1:42؛ مات. 18:12؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ لۇقا 35:9؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1.
1:4 **«..ئەيسا روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ... چۆل-باياۋانغا ئېلىپ بېرىلدى»** ــ «روھ» مۇشۇ يەردە مۇقەددەس روھنى كۆرسىتىدۇ.
**1:4** مار. 12:1؛ لۇقا 1:4.
2:4 **«ئۇ قىرىق كېچە-كۈندۈز روزا تۇتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەندى»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولسۇنكى، مۇقەددەس يازمىلاردا «روزا تۇتۇش» ئادەتتە ھېچقانداق ئوزۇقلانماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بۇۋاستە دېيىلمىگەن بولسا مۇشۇ روزىلار سۇ ئىچمەسلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.
3:4 **«ئازدۇرغۇچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا... دېدى»** ــ «ئازدۇرغۇچى» شەيتاننى

4 لېكىن ئۇ جاۋابەن:
تەۋراتتا: «ئىنسان پەقەت نان بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ
ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆز بىلەنمۇ ياشايدۇ» دەپ پۈتۈلگەن، ــ
دېدى.
5 ئاندىن ئىبلىس ئۇنى مۇقەددەس شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ،
ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا: 6 ــ خۇدانىڭ
ئوغلى بولساڭ، ئۆزۈڭنى پەسكە تاشلاپ باققىن! چۈنكى تەۋراتتا:
«خۇدا ئۆز پەرىشتىلىرىگە سېنىڭ ھەققىڭدە ئەمر قىلىدۇ»؛
ۋە، «پۇتۇڭنىڭ تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلار سېنى
قوللىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن ــ دېدى.
7 ئەيسا ئۇنىڭغا: «تەۋراتتا يەنە، «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى سىنىغۇچى
بولما!» دەپمۇ پۈتۈلگەن ــ دېدى.
8 ئاندىن، ئىبلىس ئۇنى ناھايىتى ئېگىز بىر تاغقا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا
دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنى شەرەپلىرى بىلەن كۆرسىتىپ:
9 يەرگە يىقىلىپ ماڭا ئىبادەت قىلساڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا
بېرىۋېتىمەن، ــ دېدى.

---

**«ئەگەر سەن راستتىنلا خۇدانىڭ ئوغلى بولساڭ،...»** ــ گرېك تىلىدا بۇ 3- ۋە 6-ئايەتلەردىكى «ئەگەر» ئادەتتە «ئەگەر (مۇنداق) بولساڭ (ۋە دەرۋەقە شۇنداق بولسەن)» دېگەن مەنىنى پۈرىتىدۇ. كۆرستىدۇ، ئەلۋەتتە.
—«خۇدانىڭ ئوغلى» ــ بۇ نام ھەرگىزمۇ خۇدا بىلەن ئەيسا ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي جەھەتتىكى ئاتا-باللىق مۇناسىۋەتنى ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ.
**4:4 «ئىنسان پەقەت نان بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆز بىلەنمۇ ياشايدۇ»** ــ «قان.» 3:8.
**4:4** قان. 3:8
**6:4 «خۇدا ئۆز پەرىشتىلىرىگە سېنىڭ ھەققىڭدە ئەمر قىلىدۇ»؛ ۋە «پۇتۇڭنىڭ تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلار سېنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ»** ــ «زەب.» 11:91، 12. شەيتاننىڭ بۇ ئايەتنى ئىشلەتكىنى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
**6:4** زەب. 11:91، 12
**7:4 «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى سىنىغۇچى بولما!»** ــ «قان.» 16:6.
**7:4** قان. 16:6.

[10] ئاندىن ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ يوقال، شەيتان! چۈنكى تەۋراتتا:
«پەرۋەردىگار خۇدايىڭغىلا ئىبادەت قىل، پەقەت ئۇنىڭلا ئىبادەت-
خىزمىتىدە بول!» دەپ پۈتۈلگەن، ــ دېدى.
[11] بۇنىڭ بىلەن ئىبلىس ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، ۋە مانا،
پەرىشتىلەر كېلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

## ئەيسا تەلىم بېرىشنى باشلايدۇ

مار. 1:14-15؛ لۇقا 4:14-15

[12] ئەمدى ئەيسا يەھيانىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، گالىلىيەگە
يول ئالدى. [13] ئۇ ناسارەت يېزىسىنى تاشلاپ، زەبۇلۇن ۋە نافتالى
رايونىدىكى گالىلىيە دېڭىزى بويىدىكى كەپەرناھۇم شەھىرىگە
كېلىپ ئورۇنلاشتى. [14] شۇنداق قىلىپ، يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق
ئېيتىلغان شۇ بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، دېمەك: ــ
[15] «زەبۇلۇن زېمىنى ۋە نافتالى زېمىنى،
ئىئوردان دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى «دېڭىز يولى» بويىدا،

---

10:4 **«پەرۋەردىگار خۇدايىڭغىلا ئىبادەت قىل، پەقەت ئۇنىڭلا ئىبادەت-خىزمىتىدە بول!»** ــ «قان.» 13:6.

**10:4** قان. 13:6؛ 20:10.

11:4 **«بۇنىڭ بىلەن ئىبلىس ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، ۋە مانا، پەرىشتىلەر كېلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى»** ــ رەب ئەيسا ئۇچرىغان سىناقلار ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**12:4** مار. 1:14؛ لۇقا 4:14، 16، 31؛ يۇھ. 4:43.

13:4 **«ئۇ... نافتالى رايونىدىكى گالىلىيە دېڭىزى بويىدىكى كەپەرناھۇم شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى»** ــ «گالىلىيە دېڭىزى» ئاقار سۇلۇق يوغان بىر كۆل.

«يات ئەللەرنىڭ ماكانى» بولغان گالىلىيەدە،
[16] قاراڭغۇلۇقتا ياشىغان خەلق پارلاق بىر نۇرنى كۆردى؛
يەنى ئۆلۈم كۆلەڭگىسىنىڭ يۇرتىدا ئولتۇرغۇچىلارغا،
دەل ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نۇر چۈشتى».
[17] شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئەيسا: «توۋا قىلىڭلار! چۈنكى ئەرش
پادىشاھلىقى يېقىنلىشىپ قالدى!» ــ دەپ جار قىلىشقا باشلىدى.

## ئەيسانىڭ مۇخلىس چاقىرىشى

مار. 1:16-20؛ لۇقا 1:5-11

[18] بىر كۈنى، ئۇ گالىلىيە دېڭىزى بويىدا كېتىۋېتىپ، ئىككى ئاكا-
ئۇكا، يەنى پېترۇس دەپمۇ ئاتالغان سىمون ئىسىملىك بىر كىشىنى
ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئاندىرىياسنى كۆردى. ئۇلار بېلىقچى بولۇپ،
دېڭىزغا تور تاشلاۋاتاتتى؛ [19] ئۇ ئۇلارغا:
مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار ــ مەن سىلەرنى ئادەم تۇتقۇچى بېلىقچى

---

15:4 **«ئىئوردان دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى «دېڭىز يولى» بويىدا...»** ــ «دېڭىز يولى» «گالىلىيە دېڭىزى»نىڭ غەربىي يەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. **««يات ئەللەرنىڭ ماكانى» بولغان گالىلىيەدە...»** ــ ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، نافتالى، زەبۇلۇن ۋە باشقا ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسىملىرى سۈرگۈن قىلىندى. بىر قىسىم كەمبەغەل، نامرات، قابىلىيەتسىز كىشىلەر قالدى. ئاسۇرىيە پادىشاھى باشقا يات مىللەت-خەلقلەرنى ئېلىپ كېلىپ شۇ يەرگە، بولۇپمۇ گالىلىيەگە ئولتۇراقلاشتۇردى. مۇشۇ كىشىلەر قېپقالغان نامرات ئىسرائىللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئۆزئارا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغاچقا، گالىلىيە يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ««يات ئەللىكلەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر)نىڭ ماكانى گالىلىيە» دەپ كەمسىتىلىپ ئاتالغان.

**15:4** يەش. 8:23؛ 9:1.

16:4 **«قاراڭغۇلۇقتا ياشىغان خەلق پارلاق بىر نۇرنى كۆردى؛ يەنى ئۆلۈم كۆلەڭگىسىنىڭ يۇرتىدا ئولتۇرغۇچىلارغا، دەل ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نۇر چۈشتى»** ــ تەۋرات «يەش.» 9:1-2. بېشارەتتە مۇشۇ نۇر دەل شۇ كەمسىتىلگەن يەردىكىلەرگە چېچىلىدۇ، دېيىلىدۇ.

**16:4** يەش. 9:1، 2.

**17:4** مار. 1:15.

**18:4** مار. 1:16.

قىلىمەن! ــ دېدى. [20] ئۇلار شۇئان بېلىق تورلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ ماڭدى.
[21] ئۇ شۇ يەردىن ئۆتۈپ، ئىككىنچى بىر ئاكا-ئۇكىنى، يەنى زەبەدىينىڭ
ئوغۇللىرى ياقۇپ ۋە ئىنىسى يۇھاننانى كۆردى. بۇ ئىككىسى
كېمىدە ئاتىسى زەبەدىي بىلەن تورلىرىنى ئوڭشاۋاتاتتى. ئۇ ئۇلارنىمۇ
چاقىردى. [22] ئۇلار دەرھال كېمىنى ئاتىسى بىلەن قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ ماڭدى.

## ئەيسانىڭ گالىلىيەدە تەلىم بېرىشى

لۇقا 6:17-19

[23] ۋە ئەيسا گالىلىيەنىڭ ھەممە يېرىنى كېزىپ، ئۇلارنىڭ
سىناگوگلىرىدا تەلىم بېرىپ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ خۇش
خەۋىرىنى جاكارلايتتى، خەلق ئارىسىدا ھەرخىل كېسەللەرنى ۋە
ئاجىز-مېيىپلارنى ساقايتتى. [24] ئۇ توغرۇلۇق خەۋەر پۈتكۈل سۇرىيە
ئۆلكىسىگە تارقالدى؛ ئۇ يەردىكى خالايىق ھەرخىل بىمارلارنى،
يەنى ھەرتۈرلۈك كېسەللەر ۋە ئاغرىق-سىلاقلارنى ھەمدە جىن
چاپلاشقانلارنى، تۇتقاقلىق ۋە پالەچ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنى
ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى؛ ۋە ئۇ ئۇلارنى ساقايتتى. [25] گالىلىيە،
«ئون شەھەر» رايونى، يېرۇسالېم، يەھۇدىيە ۋە ئىئوردان دەرياسىنىڭ
ئۇ قېتىدىن كەلگەن توپ-توپ ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

---

4:19 **«مەن سىلەرنى ئادەم تۇتقۇچى بېلىقچى قىلىمەن!»** ــ «ئادەمنى تۇتقۇچى» دېگەن ئىبارىدە «تۇتۇش» زىيان يەتكۈزۈش ياكى ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى شەيتاننىڭ ئىلكىدىن ئېلىپ قۇتقۇزۇشنى كۆرسىتىدۇ.

4:23 **«ئەيسا... ئۇلارنىڭ سىناگوگلىرىدا تەلىم بېرىپ،...»** ــ «سىناگوگلار» يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئىبادەت قىلىش، تەۋراتنى ئوقۇش ۋە ۋەز-تەلىم ئاڭلاشقا يىغىلىدىغان ئاممىۋىي ئۆيلىرى ياكى زاللىرى.

4:24 **«تۇتقاقلىق... كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار»** ــ گرېك تىلىدا «ئاي ئۇرغانلار» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## ھەقىقىي بەخت-بەرىكەت

لۇقا 6:20-23

5 [1]مۇشۇ توپ-توپ ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۇ بىر تاغقا چىقتى؛ ئۇ ئۇ
يەردە ئولتۇرغىنىدا، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. [2]ئۇ
ئاغزىنى ئېچىپ ئۇلارغا تەلىم بېرىشكە باشلىدى: ــ
[3]مۇبارەك، روھتا نامرات بولغانلار!
چۈنكى ئەرش پادىشاھلىقى ئۇلارغا تەۋەدۇر.
[4]مۇبارەك، پىغان چەككەنلەر!
چۈنكى ئۇلار تەسەللى تاپىدۇ.
[5]مۇبارەك، ياۋاش-مۆمىنلەر!
چۈنكى ئۇلار يەر يۈزىگە مىراسخوردۇر.
[6]مۇبارەك، ھەققانىيلىققا ئاچ ۋە تەشنالار!
چۈنكى ئۇلار تولۇق تويۇنىدۇ.
[7]مۇبارەك، رەھىمدىللار!
چۈنكى ئۇلار رەھىم كۆرىدۇ.
[8]مۇبارەك، قەلبى پاك بولغانلار!
چۈنكى ئۇلار خۇدانى كۆرىدۇ.
[9]مۇبارەك، تىنچلىق تەرەپدارلىرى!

---

**3:5 «روھتا نامرات بولغانلار»** ــ بەلكىم ئۆزىنىڭ خۇداغا قەتئىي موھتاجلىقىنى تونۇپ يەتكەنلەر. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مۇبارەك، روھتا تىلەمچى بولغانلار!». گرېك تىلىدا «نامرات» دېگەن سۆز «تىلەمچى» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (مەسىلەن، «لۇقا» 16:20، 22دە).
—بۇ ئايەتلەردە «مۇبارەك» دېگەن سۆز (خۇدا تەرىپىدىن) «بەختلىك، بەرىكەتلىك قىلىنغان» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**3:5** يەش. 15:57؛ 2:66؛ لۇقا 20:6.

**4:5 «پىغان چەككەنلەر»** ــ بەلكىم ئۆز گۇناھلىرى ۋە خۇداغا تايانمىغانلىقى ئۈچۈن پىغان چېكىشنى كۆرسىتىدۇ.

**4:5** يەش. 2:61؛ 10:66، 13؛ لۇقا 21:6.

**5:5** زەب. 11:37

**6:5** يەش. 1:55.

**8:5** زەب. 1:15-2؛ 4:24؛ ئىبر. 14:12.

چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.
[10] مۇبارەك، ھەققانىيلىق يولىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار!
چۈنكى ئەرش پادىشاھلىقى ئۇلارغا تەۋەدۇر.
[11] مۇبارەك، مەن ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھاقارەت، زىيانكەشلىك ۋە ھەرتۈرلۈك
تۆھمەتلىرىگە ئۇچرىساڭلار؛ [12] شاد-خۇرام بولۇپ يايراڭلار! چۈنكى ئەرشلەردە
كاتتا ئىنئام سىلەر ئۈچۈن ساقلانماقتا؛ چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى
پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۇلار مۇشۇنداق زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان.

## مۇخلىسلار «تۇز»لۇق رولىنى يوقاتماسلىقى كېرەك

مار. 9:50؛ لۇقا 14:34-35

[13] سىلەر يەر يۈزىدىكى تۇزدۇرسىلەر. ھالبۇكى، ئەگەر تۇز ئۆز تەمىنى
يوقاتسا، ئۇنىڭغا قايتىدىن تۇز تەمىنى قانداقمۇ كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟
ئۇ چاغدا، ئۇ ھېچنېمىگە يارىماس بولۇپ، تاشلىنىپ كىشىلەرنىڭ
ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىشتىن باشقا ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ.
[14] سىلەر دۇنيانىڭ نۇرىدۇرسىلەر. تاغ ئۈستىگە سېلىنغان شەھەر
يوشۇرۇنالمايدۇ. [15] ھېچكىم چىراغنى يېقىپ قويۇپ، ئۈستىگە
سېۋەتنى كۆمتۈرۈپ قويماس، بەلكى چىراغداننىڭ ئۈستىگە قويىدۇ؛
بۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆي ئىچىدىكى ھەممە ئادەملەرگە يورۇقلۇق
بېرىدۇ. [16] شۇ تەرىقىدە، سىلەر نۇرۇڭلارنى ئىنسانلار ئالدىدا شۇنداق

9:5 **«تىنچلىق تەرەپدارلىرى»** ــ گرېك تىلىدا: «سۈلھى قىلغۇچىلار».
10:5 2كور. 4:10؛ 2تىم. 2:12؛ 1پېت. 14:3.
11:5 1پېت. 14:4.
12:5 لۇقا 23:6.
13:5 **«سىلەر يەر يۈزىدىكى تۇزدۇرسىلەر»** ــ تۇز ــ (1) تەم بېرىدۇ؛ (2) چىرىپ كېتىشتىن توسىدۇ؛
(3) زەخىم-يارىلارنى ساقايتىدۇ. مۇخلىسلارنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان رولى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىشى كېرەك
13:5 مار. 9:50؛ لۇقا 34:14.
15:5 **«ھېچكىم چىراغنى يېقىپ قويۇپ، ئۈستىگە سېۋەتنى كۆمتۈرۈپ قويماس...»** ــ
«سېۋەت» گرېك تىلىدا «ئۆلچىگۈچى سېۋەت».
15:5 مار. 21:4؛ لۇقا 16:8؛ 33:11؛ 1كور. 9:4؛ ئىبر. 33:10

چاقىنتىڭلاركى، ئۇلار ياخشى ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ، ئەرشتىكى ئاتاڭلارنى ئۇلۇغلىسۇن.

## تەۋرات قانۇنى ھەققىدە

[17] مېنى تەۋرات قانۇنىنى ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يازغانلىرىنى بىكار قىلغىلى كەلدى، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مەن ئۇلارنى بىكار قىلغىلى ئەمەس، بەلكى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى كەلدىم. [18] چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئاسمان-زېمىن يوقىمىغۇچە، ئۇنىڭدا پۈتۈلگەنلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغۇچە تەۋراتتىكى «يود» بىر ھەرپ، ھەتتا بىرەر چېكىتمۇ بىكار قىلىنمايدۇ. [19] شۇ سەۋەبتىن، تەۋرات قانۇنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە، ھەتتا ئۇنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىدىن بىرىنى بىكار قىلىپ، ۋە باشقىلارغا شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتىدىغان ھەركىم ئەرش پادىشاھلىقىدا ئەڭ كىچىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئەكسىچە، تەۋرات قانۇنى ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلغانلار ۋە باشقىلارغا شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتكۈچىلەر بولسا ئەرش پادىشاھلىقىدا ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. [20] چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھەققانىيلىقىڭلار تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەرنىڭكىدىن ئاشمىسا، ئەرش پادىشاھلىقىغا ھېچقاچان كىرەلمەيسىلەر.

---

**16:5** 1پېت. 2:12.

**18:5 «ئۇنىڭدا ، يەنى تەۋرات قانۇنىدا پۈتۈلگەنلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغۇچە تەۋراتتىكى «يود» بىر ھەرپ... بىكار قىلىنمايدۇ»** — «يود» بولسا ئىبرانيي تىلىدا: «ى» («يود»، y) — ئەڭ كىچىك ھەرپ ھېسابلىنىدۇ.

**18:5** لۇقا 17:16.

**19:5 «ئۇنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىدىن بىرىنى بىكار قىلىپ...»** — ياكى «ئۇنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىدىن بىرىنى خىلاپلىق قىلىپ...» — گرېك تىلىدىكى پېئىل بەلكىم «بىكار قىلىپ» ۋە «خىلاپلىق قىلىپ» دېگەن ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**19:5** ياق. 2:10.

**20:5 «تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر...»** — «پەرىسىيلەر» يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي ئەنئەنىلىرىدە ئەڭ چىڭ تۇرىدىغان قاتتىق تەلەپلىك ئېتىقاد ئېقىمى ئىدى.

## غەزەپلىنىش ھەققىدە

[21] بۇرۇنقىلارغا «قاتىللىق قىلما، قاتىللىق قىلغان ھەرقانداق ئادەم سوراققا تارتىلىدۇ» دەپ بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر. [22] بىراق مەن ئۈزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، ئۆز قېرىندىشىغا بىكاردىن-بىكار ئاچچىقلانغانلارنىڭ ھەربىرىمۇ سوراققا تارتىلىدۇ. ئۆز قېرىندىشىنى «ئەخمەق» دەپ تىللىغان ھەركىم ئالىي كېڭەشمىدە سوراققا تارتىلىدۇ؛ ئەمما قېرىنداشلىرىنى «تەلۋە» دەپ ھاقارەتلىگەن ھەركىم دوزاخنىڭ ئوتىغا لايىق بولىدۇ. [23] شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن قۇربانگاھ ئالدىغا كېلىپ خۇداغا ھەدىيە ئاتىماقچى بولغىنىڭدا، قېرىندىشىڭنىڭ سېنىڭدىن ئاغرىنغان يېرى بارلىقى يادىڭغا كەلسە، [24] ھەدىيەڭنى قۇربانگاھ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال قېرىندىشىڭ بىلەن يارىشىۋال، ئاندىن كېلىپ ھەدىيەڭنى ئاتا.
[25] ئەگەر ئۇستۈڭدىن دەۋا قىلماقچى بولغان بىرسى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولدا بولغىنىڭدا ئۇنىڭ بىلەن تېزدىن يارىشىپ، دوست بولغىن. بولمىسا، ئۇ سېنى سوراقچىغا، سوراقچى بولسا گۇندىپايغا تاپشۇرىدۇ، سەن زىندانغا سولىتىۋېتىلىسەن. [26] مەن ساڭا شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، قەرزىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تىيىنىنىمۇ قويماي تۆلىمىگۈچە، شۇ يەردىن چىقالمايسەن.

---

**21:5** مىس. 13:20؛ قان. 17:5.

**22:5 «ئۆز قېرىندىشىغا بىكاردىن-بىكار ئاچچىقلانغانلار...»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «بىكاردىن-بىكار» دېگەن سۆزلەر تېپىلمايدۇ. **«... ئالىي كېڭەشمىدە سوراققا تارتىلىدۇ»** — «ئالىي كېڭەشمە» يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سوتى بولۇپ، «سانھېدرىن» دەپ ئاتىلاتتى. بەزىلەر بۇ سۆز ئەرشتىكى سوتنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ بىزمۇ بۇ پىكىرگە مايىلمىز.

**25:5 «... ئۇستۈڭدىن دەۋا قىلماقچى بولغان بىرسى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولدا بولغىنىڭدا ئۇنىڭ بىلەن تېزدىن يارىشىپ، دوست بولغىن»** — «ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولدا بولغىنىڭدا» دېگەن سۆز بەلكىم سوتقا قاراپ ماڭغان يولدا، يەنى سوتقا چۈشۈشتىن بۇرۇن بولغان «يارىشىش پۇرسىتى»نى كۆرسىتىدۇ. «لۇقا» 12:58نى كۆرۈڭ.

**25:5** لۇقا 12:58؛ ئەف. 4:26.

**26:5 «قەرزىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تىيىنى»** — «بىر تىيىن» گرېك تىلىدا «بىر كودرانس». بۇ پۇلنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى، شۇ دەۋردىكى بىر ئىشچىنىڭ كۈنلۈك ھەققى بولغان «دىنارىئۇس»نىڭ 1/64 قىسمى ئىدى.

## زىناخورلۇق ھەققىدە

27 سىلەر «زىنا قىلماڭلار» دەپ بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر. 28 بىراق
مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، بىرەر ئايالغا شەھۋانىي
نىيەت بىلەن قارىغان كىشى كۆڭلىدە ئۇ ئايال بىلەن ئاللىقاچان زىنا
قىلغان بولىدۇ. 29 ئەگەر ئەمدى ئوڭ كۆزۈڭ سېنى گۇناھقا ئازدۇرسا، ئۇنى
ئويۇپ تاشلىۋەت. چۈنكى پۈتۈن بەدىنىڭنىڭ دوزاخقا تاشلىنىشىدىن
كۆرە، بەدىنىڭدىكى بىر ئەزايىڭ يوق قىلىنغىنى كۆپ ئەۋزەل. 30 ئەگەر
ئوڭ قولۇڭ سېنى گۇناھقا ئازدۇرسا، ئۇنى كېسىپ تاشلىۋەت. چۈنكى
پۈتۈن بەدىنىڭنىڭ دوزاخقا تاشلىنىشىدىن كۆرە، بەدىنىڭدىكى بىر
ئەزايىڭ يوق قىلىنغىنى كۆپ ئەۋزەل.

## تالاق قىلىش ھەققىدە

مات. 19:9؛ مار. 10:11-12؛ لۇقا 18:16

31 يەنە: ــ «كىمدىكىم ئايالىنى تالاق قىلسا، ئۇنىڭغا تالاق
خېتىنى بەرسۇن» دەپمۇ بۇيرۇلغان. 32 بىراق مەن ئۆزۈم شۇنى
سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، كىمدىكىم ئۆز ئايالىنىڭ بۇزۇقلۇق
قىلمىشىدىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇنى تالاق
قىلسا، ئەمدى ئۇنى زىناغا تۈرتۈپ بەرگەن بولىدۇ؛ تالاق قىلىنغان
ئايالنى ئەمرىگە ئالغان كىشىمۇ زىنا قىلغان بولىدۇ.

---

**5:27** مىس. 20:14؛ قان. 5:18.

**5:28** ئايۇپ 31:1؛ زەب. 119:37.

**5:29** مات. 18:8؛ مار. 9:43.

5:31 **«كىمدىكىم ئايالىنى تالاق قىلسا، ئۇنىڭغا تالاق خېتىنى بەرسۇن»** ــ «قان.» 24:1.

**5:31** چۈل. 30:2؛ قان. 20:22-23؛ 24:1.

5:32 **«كىمدىكىم ئۆز ئايالىنىڭ بۇزۇقلۇق قىلمىشىدىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇنى تالاق قىلسا، ئەمدى ئۇنى زىناغا تۈرتۈپ بەرگەن بولىدۇ»** ــ ئايال كىشى مەسىھ ئېيتقان بۇ ئەھۋالغا چۈشسە (دېمەك، ئېرى بۇزۇقلۇق قىلغان بولسا)، ئۇنداقتا ئۇ تالاق قىلىنغان بولسا، باشقا بىر ئەرگە تەگسە بولىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا تالاق قىلىنغان خوتۇن ئەرسىز قالسا، ئەھۋالى ناھايىتى قىيىن بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

**5:32** مات. 19:7؛ مار. 10:4، 11؛ لۇقا 16:18؛ 1كور. 7:10.

## قەسەم قىلىش ھەققىدە

[33] سىلەر يەنە بۇرۇنقىلارغا «قەسەمىڭدىن يانما، پەرۋەردىگارغا قىلغان
قەسەمىڭگە ئەمەل قىل» دەپ بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر.
[34] بىراق مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، قەتئىي قەسەم
قىلماڭلار؛ ئەرشنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلماڭلار، چۈنكى ئەرش
خۇدانىڭ تەختىدۇر؛ [35] ياكى يەرنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلماڭلار،
چۈنكى يەر يۈزى خۇدانىڭ تەختىپەرىدۇر. يېرۇسالېمنى تىلغا
ئېلىپمۇ قەسەم قىلماڭلار، چۈنكى ئۇ يەر ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ شەھ
ىرىدۇر. [36] ھەتتا ئۆز بېشىڭلارنى تىلغا ئېلىپمۇ قەسەم قىلماڭلار،
چۈنكى سىلەرنىڭ چېچىڭلارنىڭ بىر تېلىنىمۇ ئاق ياكى قارا رەڭگە
ئۆزگەرتىش قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. [37] پەقەت دېگىنىڭلار «بولىدۇ»،
«بولىدۇ»، ياكى «ياق، ياق، بولمايدۇ» بولسۇن. بۇنىڭدىن زىيادىسى
رەزىل بولغۇچىدىن كېلىدۇ.

## ئىنتىقام ھەققىدە

لۇقا 6:29-30

[38] سىلەر «كۆزگە كۆز، چىشقا چىش» دەپ بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلى
غانسىلەر. [39] بىراق مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى،
ئەسكى بىلەن تەڭ بولماڭلار. كىمدەكىم ئوڭ مەڭزىڭگە ئۇرسا،

---

**5:33** مىس. 20:7؛ لاۋ. 19:12؛ قان. 5:11؛ 23:22
**5:34** يەش. 66:1؛ ياق. 5:12.
**5:35** زەب. 48:2؛ يەش. 66:1.
**5:37** «**بۇنىڭدىن زىيادىسى رەزىل بولغۇچىدىن كېلىدۇ**» — «رەزىل بولغۇچى» شەيتاننى كۆزرىتىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «رەزىللىكتىن كېلىدۇ».
**5:38** «**كۆزگە كۆز، چىشقا چىش**» — ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال بولسا: «قانغا قان، جانغا جان». سوتتىكى ئادالەتلىك ھۆكۈملەرنى كۆرسىتىدىغان بۇ سۆزلەر تەۋرات، «مىس.» 21:24، «لاۋ.» 24:20دە تېپىلىدۇ.
**5:38** مىس. 21:24؛ لاۋ. 24:20؛ قان. 19:21.

سول مەڭزىڭنىمۇ تۇتۇپ بەر؛ [40]ۋە بىرسى ئۇستۇڭدىن دەۋا قىلىپ،
كۆڭلىكىڭنى ئالماقچى بولسا، چاپىنىڭنىمۇ بەر. [41]بىرسى ساڭا يۈك-
تاقىنى يۈدكۈزۈپ مىڭ قەدەم يول يۈرۈشكە زورلىسا، ئۇنىڭ بىلەن
ئىككى مىڭ قەدەم ماڭ. [42]بىرسى سەندىن تىلىسە، ئۇنىڭغا بەر. بىرسى
سەندىن ئۆتنە-يېرىم قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا بوينۇڭنى تولغىما.

## دۈشمەنلەرگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىش ھەققىدە

**لۇقا 6:27-28؛ 32-36**

[43]سىلەر «قوشناڭنى سۆيگىن، دۈشمىنىڭگە نەپرەتلەن» دەپ
ئېيتىلغانىنى ئاڭلىغان. [44]بىراق مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ
قويايكى، سىلەرگە دۈشمەنلىك بولغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسىتىڭلار، سىلەردىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق

---

**39:5** پەند. 29:24؛ لۇقا 29:6؛ رىم. 17:12؛ 1كور. 7:6؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 9:3.

41:5 **«بىرسى ساڭا يۈك-تاقىنى يۈدكۈزۈپ مىڭ قەدەم يول يۈرۈشكە زورلىسا...»** — «مىڭ قەدەم» گرېك تىلىدا: «بىر مىلىيون»، يەنى تەخمىنەن 1.5 كىلومېتىر. **«بىرسى ساڭا يۈك-تاقىنى يۈدكۈزۈپ مىڭ قەدەم يول يۈرۈشكە زورلىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى مىڭ قەدەم ماڭ»** — شۇ ۋاقىتلاردا رىم ئىمپېرىيەسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئاددىي پۇقرالارنى ئۆز يۈك-تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ بېرىشكە زورلاش ھوقۇقى بار ئىدى.

42:5 **«بىرسى سەندىن تىلىسە، ئۇنىڭغا بەر»** — مەسىھ تىلىگەنلەرگە نېمىنى بېرىش، نېمىنى بەرمەسلىك توغرىسىدا سۆز قىلمىغان؛ پەقەت كۆڭلىمىزدە «بېرىش پوزىتسىيىسى»نى ساقلىشىمىز كېرەك. دەل تىلىگەن نەرسىنى بېرىشىمىز ناتايىن («روس.» 6:3نى كۆرۈڭ).

**42:5** قان. 8:15؛ لۇقا 35:6.

43:5 **«قوشناڭنى سۆيگىن»** — «لاۋ.» 18:18. **«دۈشمىنىڭگە نەپرەتلەن»** — ئىككىنچى سۆز تەۋراتتىن ئەمەس، بەلكى يەھۇدىي ئۇستازلارنىڭ يازمىلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆزقارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**43:5** لاۋ. 18:19.

**قىلىڭلار، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار.**
**[45]شۇنداق قىلغاندا، ئەرشتىكى ئاتاڭلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن**
**بولىسىلەر. چۈنكى ئۇ قۇياشىنىڭ نۇرىنى ياخشىلارغىمۇ**
**ۋە يامانلارغىمۇ چۈشۈرىدۇ، يامغۇرنىمۇ ھەققانىيلارغىمۇ،**
**ھەققانىيەتسىزلەرگىمۇ ياغدۇرىدۇ. [46]ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا**
**مۇھەببەت كۆرسەتكەنلەرگىلا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتسەڭلار،**
**بۇنىڭ قانداقمۇ ئىنئامغا ئېرىشكۈچىلىكى بولسۇن؟ ھەتتا**
**باجگىرلارمۇ شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ [47]ئەگەر سىلەر پەقەت**
**قېرىنداشلىرىڭلار بىلەنلا سالام-سەھەت قىلىشساڭلار، بۇنىڭ**
**نېمە پەزىلىتى بار؟ ھەتتا يات ئەللىكلەرمۇ شۇنداق قىلىدىغۇ!**
**[48]شۇڭا، ئەرشتىكى ئاتاڭلار مۇكەممەل بولغىنىدەك، سىلەرمۇ**
**مۇكەممەل بولۇڭلار.**

---

44:5 **«سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار...»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تولۇق ئايەت: «دۈشمەنلىك بولغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، سىلەرنى قارغىغانلارغا بەخت تىلەڭلار، سىلەردىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگە ھاقارەت ۋە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار» دېيىلىدۇ. «لۇقا» 27:6-28نىمۇ كۆرۈڭ.

**44:5** لۇقا 27:6؛ 34:23؛ روس. 60:7؛ رىم. 20:12؛ 1كور. 13:4؛ 1پېت. 23:2.

45:5 **«شۇنداق قىلغاندا، ئەرشتىكى ئاتاڭلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بولىسىلەر»** — تەكىتلەنگەن ئىش بەلكى خۇدانىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇش.

46:5 **«ھەتتا باجگىرلارمۇ شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟»** — باجگىرلار ئىنتايىن ئىنساپسىز، پەسكەش ئادەملەر دەپ ھېسابلىناتتى.

**46:5** لۇقا 32:6.

47:5 **«ھەتتا يات ئەللىكلەرمۇ شۇنداق قىلىدىغۇ!»** — «يات ئەللىكلەر»نىڭ كۆپىنچىسى شۇ ۋاقىتتا بۇتپەرەسلەر، كاپىرلار ئىدى، ئەلۋەتتە.

48:5 **«...ئاتاڭلار مۇكەممەل بولغىنىدەك، سىلەرمۇ مۇكەممەل بولۇڭلار»** — ياكى «... ئاتاڭلار مۇكەممەل بولغىنىدەك، سىلەر مۇكەممەل بولىسىلەر».

**48:5** يار. 1:17

## خەير-ساخاۋەت ھەققىدە

6 [1]ھېزى بولۇڭلاركى، خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلىرىڭلارنى
باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆز-كۆز قىلماڭلار. بۇنداق قىلساڭلار،
ئەرشتىكى ئاتاڭلارنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشەلمەيسىلەر.
[2]شۇڭا خەير-ساخاۋەت قىلغىنىڭدا، داۋراڭ سالما. ساختىپەزلەرلا
سىناگوگلاردا ۋە كوچىلاردا ئادەملەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن
شۇنداق قىلىدۇ. مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى،
ئۇلار كۆزلىگەن ئىنئامىغا ئېرىشكەن بولىدۇ. [3]لېكىن سەن، خەير-
ساخاۋەت قىلغىنىڭدا ئوڭ قولۇڭنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى سول
قولۇڭ بىلمىسۇن. [4]شۇنىڭ بىلەن خەير-ساخاۋىتىڭ يوشۇرۇن بولىدۇ
ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى كۆرگۈچى ئاتاڭ ساڭا بۇنى قايتۇرىدۇ.

## دۇئا ھەققىدە

لۇقا 11:2-4

[5]دۇئا قىلغان ۋاقتىڭدا، ساختىپەزلەردەك بولما؛ چۈنكى ئۇلار باشقىلارغا
كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن سىناگوگلار ياكى تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرۇۋېلىپ
دۇئا قىلىشقا ئامراقتۇر. مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى،
ئۇلار كۆزلىگەن ئىنئامىغا ئېرىشكەن بولىدۇ.
[6]لېكىن سەن بولساڭ، دۇئا قىلغان ۋاقتىڭدا، ئىچكىرى ئۆيگە
كىرىپ، ئىشىكنى يېپىپ، يوشۇرۇن تۇرغۇچى ئاتاڭغا دۇئا قىلغىن؛
ۋە يوشۇرۇن كۆرگۈچى ئاتاڭ بۇنى ساڭا قايتۇرىدۇ.
[7]دۇئا-تىلاۋەت قىلغاندا، بۇتپەرەس يات ئەللىكلەردىكىدەك قۇرۇق

---

**1:6 «خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلىرىڭلارنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆز-كۆز قىلماڭلار»** — ياكى «قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭلارنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆز-كۆز قىلماڭلار».

**2:6 «شۇڭا خەير-ساخاۋەت قىلغىنىڭدا، داۋراڭ سالما»** — گرېك تىلىدا «شۇڭا خەير-ساخاۋەت قىلغىنىڭدا، ئۆز ئالدىڭدا كاناي چالغۇزما».

**2:6** رىم. 8:12.

**4:6** لۇقا 14:14.

**6:6** 2پاد. 33:4؛ روس. 4:10.

گەپلەرنى تەكرارلاۋەرمەڭلار. چۈنكى ئۇلار دېگەنلىرىمىز كۆپ بولسا
خۇدا تىلىگىنىمىزنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. [8] شۇڭا،
سىلەر ئۇلارنى دورىماڭلار. چۈنكى ئاتاڭلار سىلەرنىڭ ئېھتىياجىڭلارنى
سىلەر تىلىمەستىن بۇرۇنلا بىلىدۇ. [9] شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنداق دۇئا
قىلىڭلار: ــ

«ئى ئاسمانلاردا تۇرغۇچى ئاتىمىز،
سېنىڭ نامىڭ مۇقەددەس دەپ ئۇلۇغلانغاي.
[10] پادىشاھلىقىڭ كەلگەي،
ئىرادەڭ ئەرشتە ئادا قىلىنغاندەك يەر يۈزىدىمۇ ئادا قىلىنغاي.
[11] بۈگۈنكى نېنىمىزنى بۈگۈن بىزگە بەرگەيسەن.
[12] بىزگە قەرزدار بولغانلارنى كەچۈرگىنىمىزدەك،
سەنمۇ قەرزلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.
[13] بىزنى ئازدۇرۇلۇشلارغا ئۇچراتقۇزمىغايسەن،
بەلكى بىزنى رەزىل بولغۇچىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن».

[14] چۈنكى سىلەر باشقىلارنىڭ گۇناھ-سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرسەڭلار،
ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ سىلەرنى كەچۈرىدۇ. [15] بىراق باشقىلارنىڭ

**7:6** 1پاد. 28:18؛ يەش. 15:1.

**9:6** لۇقا 2:11.

12:6 **«بىزگە قەرزدار بولغانلارنى كەچۈرگىنىمىزدەك، سەنمۇ قەرزلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن»** ــ بۇ ئايەتتىكى «قەرز» چوقۇم گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 14-ئايەتنى كۆرۈڭ.

13:6 **«..بەلكى بىزنى رەزىل بولغۇچىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن»** ــ دېمەك، شەيتاندىن قۇتقۇزۇش. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «يامانلىقتىن»، «رەزىللىكتىن». **«..بەلكى بىزنى رەزىل بولغۇچىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن...»** ــ بەزى گرېكچە نۇسخىلاردا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ: «چۈنكى، پادىشاھلىق، هوقۇق ۋە ئۇلۇغلۇق ساڭا مەنسۇپ، ئامىن» دېگەن ئىبارىلەر قوشۇلغان.

**13:6** مات. 19:13.

**14:6** مار. 25:11؛ كول. 13:3.

گۇناھ-سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرمىسەڭلەر، ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ گۇناھ-سەۋەنلىكلىرىڭلارنى كەچۈرمەيدۇ.

## روزا تۇتۇش ھەققىدە

[16] روزا تۇتقان ۋاقتىڭلاردا، ساختىپەزلەردەك تاتىراڭغۇ قىياپەتكە كىرىۋالماڭلار. ئۇلار روزا تۇتقىنىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن چىرايلىرىنى سولغۇن قىياپەتتە كۆرسىتىدۇ. مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئۇلار كۆزلىگەن ئىنئامىغا ئېرىشكەن بولىدۇ. [17] ئەمدى سەن، روزا تۇتقىنىڭدا، چاچلىرىڭنى مايلاپ، يۈزۈڭنى يۇيۇپ يۈر. [18] شۇ چاغدا، روزا تۇتقىنىڭ ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى پەقەت يوشۇرۇن تۇرغۇچى ئاتاڭغىلا كۆرۈنىدۇ؛ ۋە يوشۇرۇن كۆرگۈچى ئاتاڭ ئۇنى ساڭا قايتۇرىدۇ.

## بايلىق ھەققىدە

لۇقا 12:33-34؛ 11:34-36؛ 13:16

[19] يەر يۈزىدە ئۆزۈڭلارغا بايلىقلارنى توپلىماڭلار. چۈنكى بۇ يەردە يا كۈيە يەپ كېتىدۇ، يا دات باسىدۇ ياكى ئوغرىلار تام تېشىپ ئوغرىلاپ كېتىدۇ. [20] ئەكسىچە، ئەرشتە ئۆزۈڭلارغا بايلىقلار توپلاڭلار. ئۇ يەردە كۈيە يېمەيدۇ، دات باسمايدۇ، ئوغرىمۇ تام تېشىپ ئوغرىلىمايدۇ. [21] چۈنكى بايلىقىڭ قەيەردە بولسا، قەلبىڭمۇ شۇ يەردە بولىدۇ.

**15:6** مات. 35:18؛ ياق. 13:2.
**16:6** يەش. 3:58؛ مات. 14:9؛ مار. 18:2؛ لۇقا 33:5.
**19:6** پەند. 4:23؛ ئىبر. 5:13؛ ياق. 1:5.
**20:6** لۇقا 33:12؛ 1تىم. 19:6.

[22] تەنىنىڭ چىرىغى كۆزدۇر. شۇڭا ئەگەر كۆزۈڭ ساپ بولسا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ
يورۇتۇلىدۇ. [23] لېكىن ئەگەر كۆزۈڭ يامان بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ قاراڭغۇ
بولىدۇ. ئەگەر ۋۇجۇدۇڭدىكى «يورۇقلۇق» ئەمەلىيەتتە قاراڭغۇلۇق
بولسا، ئۇ قاراڭغۇلۇق نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق-ھە!
[24] ھېچكىم بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خوجايىنىنىڭ قۇللۇقىدا بولمايدۇ.
چۈنكى ئۇ ياكى بۇنى يامان كۆرۈپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ياكى
بۇنىڭغا باغلىنىپ، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارايدۇ. شۇنىڭغا
ئوخشاش، سىلەرنىڭ ھەم خۇدانىڭ، ھەم مال-دۇنيانىڭ قۇللۇقىدا
بولۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمەس.
[25] شۇڭا مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھاياتىڭلارغا كېرەكلىك
يېمەك-ئىچمەك ياكى ئۇچاڭلارغا كىيىدىغان كىيىم-كېچەكنىڭ
غېمىنى قىلماڭلار. ھاياتلىق ئوزۇقتىن، تەن كىيىم-كېچەكتىن ئەزىز
ئەمەسمۇ؟ [26] ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا قاراڭلار! ئۇلار تېرىمايدۇ،
ئورمايدۇ، ئامبارلارغا يىغمايدۇ، لېكىن ئەرشتىكى ئاتاڭلار ئۇلارنىمۇ
ئوزۇقلاندۇرىدۇ. سىلەر ئاشۇ قۇشلاردىن كۆپ ئەزىز ئەمەسمۇ؟
[27] ئاراڭلاردا قايسىڭلار غەم-قايغۇ بىلەن ئۆمرۈڭلارنى بىرەر سائەت
ئۇزارتالايسىلەر؟

---

22:6 **«ئەگەر كۆزۈڭ ساپ بولسا...»** — گرېك تىلىدا «ساپ» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى مەنىسى بار: (1) «بىر، بۆلۈنمەس، بىرلەشكەن، ساق»؛ (2) «سېخىي». دېمەك، شۇنداق بولغاندا «ساپ» دېگەن سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى «كۆزۈڭ خۇداغىلا قارىسا...» ھەمدە «سەن ئۆزۈڭ سېخىي بولساڭ...» دېگەن بولىدۇ.

22:6 لۇقا 34:11.

23:6 **«ئەگەر كۆزۈڭ يامان بولسا...»** — «يامان» مۇشۇ يەردە ھەم «رەزىل» ھەم «ساق ئەمەس، ئاجىز، كېسەل» دېگەن ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

24:6 **«سىلەرنىڭ ھەم خۇدانىڭ، ھەم مال-دۇنيانىڭ قۇللۇقىدا بولۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمەس»** — «مال-دۇنيا» گرېك تىلىدا «ماممون» دېيىلىدۇ.

24:6 لۇقا 13:16.

25:6 زەب. 5:37؛ 22:55؛ لۇقا 22:12؛ فىل. 6:4؛ 1تىم. 8:6؛ 1پېت. 7:5.

26:6 ئايۇپ 41:38؛ زەب. 9:147

27:6 **«... ئۆمرۈڭلارنى بىرەر سائەت ئۇزارتالايسىلەر؟»** — باشقا بىر تەرجىمىسى: «....

28 سىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكنىڭ غېمىنى قىلىشىڭلارنىڭ نېمە
ھاجىتى؟! دالادىكى نېلۇپەرلەرنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقىغا قاراپ
بېقىڭلار! ئۇلار ئەمگەكمۇ قىلمايدۇ، چاق ئېگىرمەيدۇ؛ 29 لېكىن
سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، ھەتتا سۇلايمان تولۇق شان-شەرەپتە
تۇرغاندىمۇ ئۇنىڭ كىيىنىشى نىلۇپەرلەرنىڭ بىر گۈلچىلىكمۇ
يوق ئىدى. 30 ئەمدى خۇدا دالادىكى بۈگۈن ئېچىلسا، ئەتىسى قۇرۇپ
ئوچاققا سېلىنىدىغان ئاشۇ گۈل-گىياھلارنى شۇنچە بېزىگەن يەردە،
سىلەرنى تېخىمۇ كىيىندۈرمەسمۇ، ئەي ئىشەنچى ئاجىزلار! 31 شۇڭا
«نېمە يەيمىز»، «نېمە ئىچىمىز»، «نېمە كىيىمىز؟» دەپ غەم
قىلماڭلار. 32 چۈنكى يات ئەلدىكىلەر مانا شۇنداق ھەممە نەرسىگە
ئىنتىلىدۇ، ئەمما ئەرشتىكى ئاتاڭلار سىلەرنىڭ بۇ ھەممە نەرسىلەرگە
موھتاجلىقىڭلارنى بىلىدۇ؛ 33 شۇنداق ئىكەن، ھەممىدىن ئاۋۋال
خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھەققانىيلىقىغا ئىنتىلىڭلار. ئۇ چاغدا،
بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە قوشۇلۇپ نېسىپ بولىدۇ.
34 شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەتىنىڭ غېمىنى قىلماڭلار. ئەتىنىڭ غېمى ئەتىگە
قالسۇن. ھەر كۈنىنىڭ دەردى شۇ كۈنگە تۇشلۇق بولىدۇ.

---

بويىۇڭغا بىرەر غېرىچ قوشالامدۇ؟».

28:6 **«دالادىكى نېلۇپەرلەر...»** — ياكى «دالادىكى ياۋا گۈل-گىياھلار...».

29:6 **«ھەتتا سۇلايمان تولۇق شان-شەرەپتە تۇرغاندىمۇ ئۇنىڭ كىيىنىشى نىلۇپەرلەرنىڭ بىر گۈلچىلىكمۇ يوق ئىدى»** — مۇشۇ يەردە «سۇلايمان» ئۇلۇغ پادىشاھ، داۋۇت پادىشاھنىڭ ئوغلى سۇلايماننى كۆرسىتىدۇ.

32:6 **«يات ئەلدىكىلەر مانا شۇنداق ھەممە نەرسىگە ئىنتىلىدۇ...»** — «يات ئەلدىكىلەر» يەھۇدىي ئەمەس بۇتپەرەسلەر بولۇپ، تىرىك خۇدانى بىلمەيتتى. مۇخلىسلار يەھۇدىي بولغاچقا، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ھەمدە ئۆز خەلقىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنچى بولۇشى كېرەك ئىدى

**33:6** 1پاد. 13:3؛ زەب. 25:37؛ 22:55

## باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلماڭلار

لۇقا 6:37-38؛ 41-42

7 [1]باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىپ يۈرمەڭلار. شۇنداقتا
خۇدانىڭ ھۆكۈمىگە ئۇچرىمايسىلەر. [2]چۈنكى سىلەر باشقىلار
ئۈستىدىن قانداق باھا بىلەن ھۆكۈم قىلساڭلار، خۇدامۇ سىلەرنىڭ
ئۈستۈڭلاردىن شۇنداق باھا بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. سىلەر باشقىلارنى
قانداق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىسەڭلار، خۇدامۇ سىلەرنى شۇنداق ئۆلچەم
بىلەن ئۆلچەيدۇ. [3]ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇرادىرىڭنىڭ كۆزىدىكى
قىلنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزۈڭدىكى لىمنى بايقىيالمايسەن؟! [4]سەن
قانداقمۇ بۇرادىرىڭگە: «قېنى، كۆزۈڭدىكى قىلنى ئېلىۋېتەي!»
دېيەلەيسەن؟ چۈنكى مانا، ئۆزۈڭنىڭ كۆزىدە لىم تۇرىدۇ!؟ [5]ئەي
ساختىپەز! ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ كۆزىدىكى لىمنى ئېلىۋەت، ئاندىن
ئېنىق كۆرۈپ، بۇرادىرىڭنىڭ كۆزىدىكى قىلنى ئېلىۋېتەلەيسەن.

## خۇدانىڭ سۆزىنى كۆزگە ئىلمايدىغانلار ھەققىدە

[6]مۇقەددەس نەرسىنى ئىتلارغا بەرمەڭلار، ياكى ئۈنچە-
مەرۋايىتلىرىڭلارنى توڭگۇزلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويماڭلار. بولمىسا،
ئۇلار بۇلارنى پۇتلىرىدا دەسسەپ، ئاندىن بۇرۇلۇپ سىلەرنى تالايدۇ.

---

**1:7** لۇقا 6:37؛ رىم. 2:1؛ 1كور. 4:3، 5.

**2:7** «**باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىپ يۈرمەڭلار**» — بۇ 1-2-ئايەتلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**2:7** مار. 4:24؛ لۇقا 6:38.

**3:7** «**بۇرادىرىڭنىڭ كۆزىدىكى قىلنى كۆرۈپ...**» — ياكى «قېرىندىشىڭنىڭ كۆزىدىكى قىلنى كۆرۈپ...». «**...ئۆز كۆزۈڭدىكى لىمنى بايقىيالمايسەن؟!**» — ئايەتنىڭ تولۇق مەنىسى: «نېمە ئۈچۈن بۇرادىرىڭنىڭ ھەرە كىپىكىدەك كىچىك سەۋەنلىكىنىلا كۆرۈپ، ئۆزۈڭدىكى لىمدەك چوڭ گۇناھنى كۆرمەيسەن» دېگەندەك.

**3:7** لۇقا 6:41، 42.

**5:7** پەند. 17:18.

**6:7** پەند. 8:9؛ 9:23.

## تىلەڭلار، ئىزدەڭلار، چېكىڭلار

لۇقا 11:9-13

[7]تىلەڭلار، سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ؛ ئىزدەڭلار، تاپىسىلەر؛ ئىشىكنى
چېكىڭلار، ئېچىلىدۇ. [8]چۈنكى ھەربىر تىلىگۈچى تىلىگىنىگە
ئېرىشىدۇ؛ ئىزدىگۈچى ئىزدىگىنىنى تاپىدۇ؛ ئىشىكنى
چەككۈچىلەرگە ئىشىك ئېچىلىدۇ. [9]ئاراڭلاردا ئۆز ئوغلى نان تەلەپ
قىلسا، ئۇنىڭغا تاش بېرىدىغانلار بارمۇ؟! [10]ياكى بېلىق تەلەپ
قىلسا، يىلان بېرىدىغانلار بارمۇ؟ [11]ئەمدى سىلەر رەزىل تۇرۇپمۇ ئۆز
پەرزەنتلىرىڭلارغا ياخشى ئىلتىپاتلارنى بېرىشنى بىلگەن يەردە،
ئەرشتىكى ئاتاڭلار ئۆزىدىن تىلىگەنلەرگە ياخشى نەرسىلەرنى
تېخىمۇ ئىلتىپات قىلماسمۇ؟

[12]شۇڭا ھەر ئىشتا باشقىلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا قانداق مۇئامىلە
قىلىشىنى ئۈمىد قىلساڭلار، سىلەرمۇ ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە
قىلىڭلار؛ چۈنكى تەۋرات قانۇنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى
مانا شۇدۇر.

## خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىدىغان دەرۋازا تار

لۇقا 13:24

[13]تار دەرۋازىدىن كىرىڭلار. چۈنكى كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ
بارىدىغان دەرۋازا كەڭ بولۇپ، يولى كەڭتاشا ۋە داغدامدۇر، ۋە
ئۇنىڭدىن كىرىدىغانلار كۆپتۇر. [14]بىراق ھاياتلىققا ئېلىپ بارىدىغان
دەرۋازا تار، يولى قىستاڭ بولۇپ، ئۇنى تاپالايدىغانلارمۇ ئاز.

---

**7:7** مات. 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1، 6؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5.

**8:7** پەند. 17:8؛ يەر. 12:29.

**11:7** يار. 5:6؛ 21:8.

**12:7** لۇقا 31:6.

**13:7** لۇقا 24:13.

**14:7** روس. 22:14.

## ئىككى خىل دەرەخ

لۇقا 6:43-44؛ 13:25-27

[15]ئالدىنقىلارغا قوي تېرىسىگە ئورىنىۋېلىپ كەلگەن، ئىچى يىرتقۇچ
چىلبۆرىدەك بولغان ساختا پەيغەمبەرلەردىن هوشيار بولۇڭلار.
[16]سىلەر ئۇلارنى مېۋىلىرىدىن تونۇۋالالايسىلەر. تىكەندىن ئۈزۈملەر،
قامغاقتىن ئەنجۈرلەر ئالغىلى بولامدۇ؟ [17]شۇنىڭغا ئوخشاش، هەر
ياخشى دەرەخ ياخشى مېۋە بېرىدۇ، پور دەرەخ ناچار مېۋە بېرىدۇ.
[18]ياخشى دەرەخ ناچار مېۋە بەرمەيدۇ، پور دەرەخ ياخشى مېۋە
بەرمەيدۇ. [19]ياخشى مېۋە بەرمەيدىغان هەربىر دەرەخ كېسىلىپ ئوتقا
تاشلىنىدۇ. [20]شۇنىڭدەك، مۇشۇنداق كىشىلەرنى مېۋىلىرىدىن
تونۇۋالالايسىلەر.

## ھەقىقىي مۇخلىس

[21]ماڭا «رەببىم، رەببىم» دېگەنلەرنىڭ هەممىسىلا ئەرش
پادىشاھلىقىغا كىرەلمەيدۇ، بەلكى ئەرشتە تۇرغۇچى ئاتامنىڭ
ئىرادىسىنى ئادا قىلغانلارلا كىرەلەيدۇ. [22]شۇ كۈندە نۇرغۇن
كىشىلەر ماڭا: «رەببىم، رەببىم، بىز سېنىڭ نامىڭ بىلەن ۋەھيى-
بېشارەتلەرنى يەتكۈزدۇق، سېنىڭ نامىڭ بىلەن جىنلارنى قوغلىدۇق
ۋە نامىڭ بىلەن نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق» دەيدۇ. [23]ھالبۇكى،
ئۇ چاغدا مەن ئۇلارغا: «سىلەرنى ئەزەلدىن تونۇمايمەن. كۆزۈمدىن
يوقىلىڭلار، ئەي ئىتائەتسىزلەر!» دەپ ئېلان قىلىمەن.

---

**15:7** قان. 4:13؛ يەر. 16:23؛ مات. 4:24؛ رىم. 17:16؛ ئەف. 6:5؛ كول. 8:2؛ 1يۇھ. 1:4.

**17:7** مات. 3:10؛ 12:33؛ مار. 11:13؛ لۇقا 8:8.

**21:7** مات. 25:11؛ لۇقا 6:46؛ 13:25؛ روس. 19:13؛ رىم. 2:13؛ ياق. 1:22.

22:7 **«شۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا: «رەببىم، رەببىم...» دەيدى»** — «شۇ كۈنى» — مۇقەددەس يازمىلاردىكى كۆپ يەرلەردە قىيامەت كۈنى پەقەت «شۇ كۈنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**22:7** يەر. 14:14؛ 15:27؛ لۇقا 13:26.

**23:7** زەب. 6:8؛ مات. 12:25، 41؛ لۇقا 13:25، 27.

## ئىككى خىل ئىمارەت سالغان كىشىلەر

[24]ئەمدى ھەربىرى بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلغان بولسا،
ئۇ ئۆز ئۆيىنى قورام تاش ئۈستىگە سالغان پەم-پاراسەتلىك
كىشىگە ئوخشايدۇ. [25]يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ، بوران
چىقىپ سوقسىمۇ، ئۇ ئۆي ئۆرۈلمىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۇلى قورام
تاشنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان. [26]بىراق سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ،
ئەمەل قىلمايدىغان ھەربىرى ئۆيىنى قۇمنىڭ ئۈستىگە قۇرغان
ئەخمەققە ئوخشايدۇ. [27]يامغۇر ياغقاندا، كەلكۈن كەلگەندە،
بوران چىققاندا شۇ ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى؛ ئۇنىڭ ئۆرۈلۈشى ئىنتايىن
دەھشەتلىك بولدى!

[28]ۋە شۇنداق بولدىكى، ئەيسا بۇ سۆزلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن
كېيىن، بۇ توپ-توپ خالايىق ئۇنىڭ تەلىملىرىگە ھەيرانۇھەس
بولۇشتى. [29]چۈنكى ئۇنىڭ تەلىملىرى تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭكىگە
ئوخشىمايتتى، بەلكى تولىمۇ نوپۇزلۇق ئىدى.

## ئەيسانىڭ ماخاۋ كېسەلنى ساقايتىشى

مار. 1:40-45؛ لۇقا 5:12-16

8 [1]ئۇ تاغدىن چۈشكەندە، توپ-توپ كىشىلەر ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ ماڭدى. [2]ۋە مانا، ماخاۋ كېسەلى بار بولغان بىر
كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تىزلىنىپ:
تەقسىر، ئەگەر خالىسىڭىز، مېنى كېسەلىمدىن پاك

---

**24:7** يەر. 8:17؛ لۇقا 6:47؛ رىم. 2:13؛ ياق. 1:25.

**26:7** ئەز. 13:11؛ رىم. 2:13؛ ياق. 1:23.

**29:7** مار. 1:22؛ 6:2؛ لۇقا 4:32.

قىلالايسىز! ــ دېدى. [3]ئەيسا ئۇنىڭغا قولىنى تەگكۈزۈپ
تۇرۇپ:
خالايمەن، پاك بولغىن! ــ دېۋىدى، بۇ ئادەمنىڭ ماخاۋ كېسىلى شۇئان
پاك بولۇپ ساقايدى. [4]ئەيسا ئۇنىڭغا:
ھازىر بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتما، بەلكى ئۇدۇل بېرىپ كاھىنغا
ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ، ئۇلاردا بىر گۇۋاھلىق بولۇش ئۈچۈن، مۇسا بۇ
ئىشتا ئەمر قىلغان ھەدىيە-قۇربانلىقنى سۇنغىن، ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ رىملىق يۈزبېشىنىڭ چاكىرىنى ساقايتىشى

لۇقا 7:1-10؛ يۇھ. 4:43-54

[5]ئۇ كەپەرناھۇم شەھىرىگە بارغاندا، رىملىق بىر يۈزبېشى ئۇنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن يېلىنىپ:
[6]ــ تەقسىر، چاكىرىم پالەچ بولۇپ قېلىپ، بەك ئازابلىنىپ ئۆيدە
ياتىدۇ، ــ دېدى.
[7]مەن بېرىپ ئۇنى ساقايتىپ قوياي، ــ دېدى ئەيسا.

---

2:8 **«ماخاۋ كېسىلى بار بولغان بىر كىشى»** ــ ماخاۋ كېسىلى بىر خىل قورقۇنچلۇق، يۇقۇملۇق تېرە كېسىلى بولۇپ، تەۋرات قانۇنى بويىچە يەھۇدىيلار بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنى «ناپاك» دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارغا تەگمەسلىكى كېرەك ئىدى («لاۋ.» 13-14-بابلار). **«تەقسىر»** ــ گرېك تىلىدا بۇ سۆز «كۇرىئوس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئالدى-كەينىدىكى سۆزلەرگە قاراپ ياكى «تەقسىر» ياكى «رەب»نى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ يەردە ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار ئادەم ئەيسانىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخى ئانچە بىلمىگەچكە، «تەقسىر» دەپ تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك.

**2:8** مار. 1:40؛ لۇقا 5:12.

4:8 **«ئۇدۇل بېرىپ كاھىنغا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ، ئۇلاردا بىر گۇۋاھلىق بولۇش ئۈچۈن، مۇسا بۇ ئىشتا ئەمر قىلغان ھەدىيە-قۇربانلىقنى سۇنغىن»** ــ تەۋرات قانۇنى بويىچە بىرسى ماخاۋ كېسىلىدىن ساقايغان بولسا، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى مەسئۇل كاھىننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى «ساق، ياكى ساق ئەمەس» دەپ تەكشۈرتۈپ قۇربانلىق قىلىشى كېرەك ئىدى؛ ئاندىن قايتىدىن جەمئىيەت بىلەن ئارىلىشالايتتى. («لاۋ.» 9:13، 1:14-11، «لۇقا» 14:5نى كۆرۈڭ). دېمىسەكمۇ، مەسىھ كەلگۈچە بۇنداق مۆجىزە ھېچقاچان يۈز بەرمىگەن...

**4:8** لاۋ. 2:13؛ 2:14؛ لۇقا 14:5.

**5:8** لۇقا 1:7.

8يۇزبېشى جاۋابەن:
تەقسىر، تورۇسۇمىنىڭ ئاستىغا كىرىشىڭىزگە لايىق ئەمەسمەن.
پەقەت بىر ئېغىزلا سۆز قىلىپ قويسىڭىز، چاكىرىم ساقىيىپ
كېتىدۇ. 9چۈنكى مەنمۇ باشقا بىرسىنىڭ هوقۇقى ئاستىدىكى
ئادەممەن، مېنىڭ قول ئاستىمدا لەشكەرلىرىم بار. بىرىگە بار دېسەم
بارىدۇ، بىرىگە كەل دېسەم، كېلىدۇ. قۇلۇمغا بۇ ئىشنى قىل دېسەم،
ئۇ شۇ ئىشنى قىلىدۇ، ــ دېدى.
10ئەيسا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، هەيران بولدى. ئۆزى بىللە
كەلگەنلەرگە:
مەن سىلەرگە شۇنى بەرهەق ئېيتىپ قويايكى، بۇنداق ئىشەنچنى
هەتتا ئىسرائىللار ئارىسىدىمۇ تاپالمىغانىدىم. 11سىلەرگە شۇنى
ئېيتايكى، نۇرغۇن كىشىلەر كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىشتىن كېلىپ،
ئەرش پادىشاهلىقىدا ئىبراهىم، ئىسهاق ۋە ياقۇپلار بىلەن بىر
داستىخاندا ئولتۇرىدۇ. 12لېكىن بۇ پادىشاهلىقنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى
بولسا، سىرتتا قاراڭغۇلۇقتا تاشلىنىپ، ئۇ يەردە يىغا-زارلار كۆتۈرىدۇ،
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ، ــ دېدى. 13ئاندىن، ئەيسا يۈزبېشىغا:
ئۆيۈڭگە قايت، ئىشەنگىنىڭدەك سەن ئۈچۈن شۇنداق قىلىنىدۇ،
دېدى. هېلىقى چاكارنىڭ كېسىلى شۇ پەيتتە ساقايتىلدى.

---

**8:8** زەب. 20:107.

**9:8 «مەنمۇ باشقا بىرسىنىڭ هوقۇقى ئاستىدىكى ئادەممەن...»** ــ «مەنمۇ» دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. دېمەك، يۈزبېشى رىم ئىمپېراتورىنىڭ هوقۇقى ئاستىدا تۇرۇپ ئۆز هوقۇقى بىلەن ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرەلەيتتى؛ ئەيسا ئالەم ئىگىسىنىڭ هوقۇقى ئاستىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ هوقۇقى بىلەن ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى بۇيرۇيدىغان ئادەم ئىدى.

**11:8** لۇقا 29:13.

**12:8 «كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىشتىن كەلگەنلەر...»** ــ (11-ئايەت) يەهۇدىي ئەمەسلەرنى، يەنى يات ئەللىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. «پادىشاهلىقنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى» بولسا، ئەسلى خۇدانىڭ پادىشاهلىقىغا مىراسخور بولۇش كېرەك بولغان يەهۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**12:8** مات. 42:13؛ 43:21؛ 13:22؛ 51:24؛ لۇقا 28:13.

## ئەيسانىڭ نۇرغۇن كېسەللەرنى ساقايتىشى

مار. 1:29-34؛ لۇقا 4:38-41

14 ئەيسا پېترۇسنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، پېترۇسنىڭ قېيىنئانىسىنىڭ
قىزىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىنى كۆردى. 15 ئۇ ئۇنىڭ قولىنى
تۇتۇۋىدى، ئۇنىڭ قىزىتمىسى ياندى. ئايال دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئەيسانى كۈتۈشكە باشلىدى.
16 كەچ كىرگەندە، كىشىلەر جىن چاپلاشقان نۇرغۇن ئادەملەرنى
ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا جىنلارنى
ھەيدىۋەتتى ۋە بارلىق كېسەللەرنى ساقايتتى. 17 بۇنىڭ بىلەن، يەشايا
پەيغەمبەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن: «ئۇ ئۆزى ئاغرىق-سىلاقلىرىمىزنى
كۆتۈردى، كېسەللىرىمىزنى ئۈستىگە ئالدى» دېگەن سۆز ئەمەلگە
ئاشۇرۇلدى.

## ئەيساغا ئەگىشىشنىڭ بەدەللىرى

لۇقا 9:57-62

18 ئەيسا ئۆزىنى ئورىۋالغان توپ-توپ كىشىلەرنى كۆرۈپ،
مۇخلىسلىرىغا دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتىشنى ئەمر قىلدى.
19 شۇ چاغدا، تەۋرات ئۇستازلىرىدىن بىرى كېلىپ، ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، سەن قەيەرگە بارساڭ، مەنمۇ ساڭا ئەگىشىپ شۇ يەرگە
بارىمەن، ــ دېدى.
20 ئەيسا ئۇنىڭغا:
تۈلكىلەرنىڭ ئۆڭكۈرلىرى، ئاسماندىكى قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرى بار؛
بىراق ئىنسانئوغلىنىڭ بېشىنى قويغۇدەك يېرىمۇ يوق، ــ دېدى.

---

**14:8** مار. 1:29؛ لۇقا 4:38.

**17:8** يەش. 53:4؛ 1پېت. 2:24.

**19:8** لۇقا 9:57.

20:8 **«ئىنسانئوغلىنىڭ بېشىنى قويغۇدەك يېرىمۇ يوق»** ــ تەۋراتتا «ئىنسانئوغلى» دېگەن
ئىبارە ئالدىن ئېيتىلغان، دۇنيانى قۇتقۇزۇشقا كېلىدىغان «مەسىھ»نى كۆرسەتكەندى (مەسىلەن،

21 مۇخلىسلىرىدىن يەنە بىرى ئۇنىڭغا:
رەب، مېنىڭ ئاۋۋال بېرىپ ئاتامنى يەرلىككە قويۇشۇمغا ئىجازەت
بەرگەيسەن، ــ دېدى.
22 بىراق ئەيسا ئۇنىڭغا:
ماڭا ئەگەشكىن، ۋە ئۆلۈكلەر ئۆز ئۆلۈكلىرىنى يەرلىككە قويسۇن، ــ
دېدى.

## ئەيسانىڭ بوراننى تىنچىتىشى

مار. 4:35-41؛ لۇقا 8:22-25

23 ئۇ كېمىگە چۈشتى، مۇخلىسلىرىمۇ چۈشۈپ بىللە ماڭدى. 24 ۋە
مانا، دېڭىز ئۈستىدە قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن
دولقۇنلار كېمىدىن ھالقىپ كېمىنى غەرق قىلىۋېتەي دەپ قالدى.
لېكىن ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى. 25 مۇخلىسلار كېلىپ ئۇنى ئويغىتىپ:
ئى ئۇستاز، بىزنى قۇتقۇزغايسەن! بىز ھالاكەت ئالدىدا تۇرىمىز ــ
دېدى.
26 ــ نېمىشقا قورقىسىلەر، ئى ئىشەنچى ئاجىزلار! ــ دېدى ئۇ ۋە
ئورنىدىن تۇرۇپ، بوران-چاپقۇنغا ۋە دېڭىزغا تەنبىھ بېرىۋىدى،

---

«دان.» 7:13-14). تەۋرات-زەبۇر بويىچە بۇ ئەۋەتىلگۈچىنىڭ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە شان-شەرىپى بىلەن ئەرشتىن چۈشۈپ، پۈتكۈل ئىنسانلارنى مەڭگۈ باشقۇرىدىغانلىقى ئالدىن ئېيتىلغان. ئۇنىڭدىن مۇھىمى، بىزنىڭچە، ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ نامنى ئۆزى ھەققىدە كۆپ ئىشلىتىشى ئۆزىنىڭ تولۇق ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەت بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئەرش تەرىپىدىن ئېيتقاندا ئاجايىب ئىش شۇكى، گەرچە ئۇ ئەزەلدىن خۇدانىڭ ئوغلى بولغان بولسىمۇ، ئۇ ھازىر يەنە «ئىنساننىڭ ئوغلى»مۇ ئىدى. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.
**21:8 «رەب، مېنىڭ ئاۋۋال بېرىپ ئاتامنى يەرلىككە قويۇشۇمغا ئىجازەت بەرگەيسەن»** ــ بۇ كىشىنىڭ ئاتىسى بەلكىم تېخى دۇنيادىن كەتمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر: «ئاۋۋال بېرىپ ئاتام ئۆلۈپ ئۇنى يەرلىككە قويغۇچە كۈتۈشۈمگە يول قويغايسەن» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.
**22:8 «ئۆلۈكلەر ئۆز ئۆلۈكلىرىنى يەرلىككە قويسۇن»** ــ «ئۆلۈكلەر» مۇشۇ يەردە شۈبھىسىزكى، گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزۇلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن «روھى ئۆلگەنلەر»نى كۆرسىتىدۇ.
**22:8** 1تىم. 6:5.
**23:8** مار. 4:35؛ لۇقا 8:22.

ھەممىسى بىردىنلا تىنچىدى.
[27] مۇخلىسلار ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، بىر-بىرىگە:
بۇ زادى قانداق ئادەمدۇ؟ ھەتتا بوران-چاپقۇنلار ۋە دېڭىزمۇ ئۇنىڭغا
بويسۇنىدىكەن-ھە! ــ دەپ كېتىشتى.

## ئەيسانىڭ جىن چاپلاشقان ئىككى ئادەمنى ئازاد قىلىشى

مار. 1:5-20؛ لۇقا 8:26-39

[28] ئەيسا دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدىكى گادارالىقلارنىڭ يۇرتىغا بارغىنىدا،
جىن چاپلاشقان ئىككى كىشى گۆرلىرىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا ئالدىغا
كەلدى. ئۇلار شۇنچە ۋەھشىي ئىدىكى، ھېچكىم بۇ يەردىن ئۆتۈشكە
جۈرئەت قىلالمايتتى. [29] ئۇنى كۆرگەندە ئۇلار:
ئى خۇدانىڭ ئوغلى، سىنىڭ بىز بىلەن نىمە كارىڭ! سەن ۋاقىت-
سائىتى كەلمەيلا بىزنى قىينىغىلى كەلدىڭمۇ؟ ــ دەپ توۋلىدى.
[30] شۇ يەردىن خېلى يىراقتا چوڭ بىر توپ توڭگۇز پادىسى ئوتلاپ
يۈرەتتى. [31] جىنلار ئەمدى ئۇنىڭغا:
ئەگەر سەن بىزنى قوغلىۋەتمەكچى بولساڭ، بىزنى توڭگۇز پادىسى
ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتكەيسەن، ــ دەپ يالۋۇرۇشتى.
[32] ئۇ ئۇلارغا:
چىقىڭلار! ــ دېۋىدى، جىنلار چىقىپ، توڭگۇزلارنىڭ تېنىگە
كىرىۋالدى. مانا، پۈتكۈل توڭگۇز پادىسى تىك ياردىن ئېتىلىپ
چۈشۈپ، سۇلاردا غەرق بولدى.

---

**26:8** ئايۇپ 12:26؛ زەب. 29:107؛ يەش. 10:51.

28:8 **«گادارالىقلار»** ــ ياكى «گېراسالىقلار» («لۇقا» 8:36نى كۆرۈڭ). **«جىن چاپلاشقان ئىككى كىشى گۆرلىرىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا ئالدىغا كەلدى»** ــ «گۆرلەردىن» قانائاندا (پەلەستىندە) كۆپ گۆرلەر ئۆڭكۈرلەردىن ياسىلىدۇ.

**28:8** مار. 1:5؛ لۇقا 26:8.

³³لېكىن توڭگۇز باققۇچىلار بەدەر قېچىپ، شەھەرگە كىرىپ، بۇ
ئىشنىڭ باش-ئاخىرىنى، جۈملىدىن جىن چاپلاشقان كىشىلەرنىڭ
كەچۈرمىشلىرىنى خالايىققا ئېيتىپ بېرىشتى. ³⁴ۋە مانا، پۈتۈن
شەھەردىكىلەر ئەيسا بىلەن كۆرۈشكىلى چىقتى. ئۇلار ئۇنى كۆرگەندە،
ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شۇ رايوندىن ئايرىلىپ كېتىشىنى ئۆتۈندى.

## ئەيسانىڭ پالەچ كېسەلنى كەچۈرۈم قىلىشى ۋە ساقايتىشى

مار. 2:1-12؛ لۇقا 5:17-26

9 ¹شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېمىگە چۈشۈپ دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ئۆزى
تۇرغان شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ²ۋە مانا، كىشىلەر زەمبىلگە
ياتقۇزۇلغان بىر پالەچنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەيسا
ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى كۆرۈپ ھېلىقى پالەچكە:
ئوغلۇم، يۈرەكلىك بول، گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى، ــ دېدى.
³ئاندىن مانا، تەۋرات ئۇستازلىرىدىن بەزىلىرى كۆڭلىدە: «بۇ ئادەم
كۇپۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ!» دەپ ئويلىدى.
⁴ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئەيسا ئۇلارغا:
نېمە ئۈچۈن كۆڭلۈڭلاردا رەزىل ئويلاردا بولىسىلەر؟ ⁵«گۇناھلىرىڭ
كەچۈرۈم قىلىندى» دېيىش ئاسانمۇ ياكى «ئورنۇڭدىن تۇر، ماڭ!»
دېيىشمۇ؟ ــ دېدى ۋە يەنە ئۇلارغا: ــ ⁶ئەمما ھازىر سىلەرنىڭ
ئىنسانئوغلىنىڭ يەر يۈزىدە گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا
ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ــ ئۇ پالەچ كېسەلگە: ــ
ئورنۇڭدىن تۇر، ئورۇن-كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيۈڭگە قايت، ــ دېدى.
⁷ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە قايتتى. ⁸بۇنى كۆرگەن توپ-
توپ ئادەملەر قورقۇشۇپ، ئىنسانلارغا بۇنداق ھوقۇقنى بەرگەن
خۇدانى ئۇلۇغلاشتى.

---

**9:1** **«ئۆزى تۇرغان شەھەر»** ــ كەپەرناھۇمنى دېمەكچى.

**9:1** مار. 2:3؛ لۇقا 5:18؛ روس. 9:33.

**9:3** زەب. 32:5؛ يەش. 43:25.

## ئەيسانىڭ ماتتانى مۇخلىسلىققا چاقىرىشى

مار. 2:13-17؛ لۇقا 5:27-32

[9]ئەيسا ئۇ يەردىن چىقىپ ئالدىغا كېتىۋېتىپ، باج يىغىدىغان
ئورۇندا ئولتۇرغان، ماتتا ئىسىملىك بىر باجگىرنى كۆردى. ئۇ
ئۇنىڭغا:
ماڭا ئەگەشكىن! ــ دېدى.
ۋە ماتتا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
[10]ۋە شۇنداق بولدىكى، ئەيسا ماتتانىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ
داستىخاندا ئولتۇرغاندا، نۇرغۇن باجگىرلار ۋە گۇناھكارلارمۇ
كىرىپ، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى بىلەن ھەمداستىخان
بولدى. [11]بۇنى كۆرگەن پەرىسىيلەر ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا:
ئۇستازىڭلار نېمىشقا باجگىر ۋە گۇناھكارلار بىلەن بىر
داستىخاندا يەپ-ئىچىپ ئولتۇرىدۇ؟! ــ دېدى.
[12]بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەيسا:
ساغلام ئادەملەر ئەمەس، بەلكى بىمارلار تېۋىپقا موھتاجدۇر.
[13]سىلەر بېرىپ مۇقەددەس يازمىلاردىكى: «ئىزدەيدىغىنىم
قۇربانلىقلار ئەمەس، بەلكى رەھىم-شەپقەت» دېيىلگەن شۇ
سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىڭلار؛ چۈنكى مەن ھەققانىيلارنى

---

**9:9** مار. 2:14؛ لۇقا 5:27.

**10:9 «مېھمان بولۇپ داستىخاندا ئولتۇرغاندا...»** ــ گرېك تىلىدا «مېھمان بولۇپ داستىخاندا ياتقاندا». شۇ چاغدىلاردا كىشىلەر داستىخان سېلىنغان شىرە ئەتراپىدا يانپاشلاپ ياتقان ھالدا غىزالىناتتى. **«نۇرغۇن باجگىرلار ۋە گۇناھكارلار»** ــ «باجگىرلار» ئىسرائىلنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغان رىملىقلار ئۈچۈن ئۆز خەلقىدىن باج يىغىپ بېرىدىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن نەپرەتكە ئۇچرىغان يەھۇدىيلار. **«گۇناھكارلار»** ــ تەۋرات-ئىنجىل بويىچە ھەربىر ئادەم گۇناھكار، ئەلۋەتتە. لېكىن مۇشۇ ئايەتتىكى «گۇناھكارلار» دېگەن سۆز، ھالى چوڭ پەرىسىيلەر ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە «گۇناھكارلار» دەپ ئاتالغان باجگىرلار، پاھىشە ئاياللار، ھەتتا ساۋاتسىز كىشىلەر قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى چاقىرغىلى كەلدىم، دېدى.

## يېڭى كوندىن ئۇستۇندۇر

مار. 2:18-22؛ لۇقا 5:33-39

[14] شۇ ۋاقىتلاردا، يەھيا پەيغەمبەرنىڭ مۇخلىسلىرى ئەيسانىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:
نېمىشقا بىز ۋە پەرىسىيلەر پات-پات روزا تۇتىمىز، لېكىن سىزنىڭ مۇخلىسلىرىڭىز تۇتمايدۇ؟ ـ دەپ سوراشتى.
[15] ئەيسا جاۋابەن:
تويى بولۇۋاتقان يىگىت تېخى تويدا ھەمداستىخان ئولتۇرغان چاغدا، توي مېھمانلىرى ھازا تۇتۇپ ئولتۇرسا قانداق بولىدۇ!؟ ئەمما شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، يىگىت ئۇلاردىن ئېلىپ كېتىلىدۇ، ئۇلار شۇ كۈندە روزا تۇتىدۇ.
[16] ھېچكىم كونا كۆڭلەككە يېڭى رەختتىن ياماق سالمايدۇ. ئۇنداق قىلسا، يېڭى ياماق كىرىشىپ، كىيىمنى تارتىپ يىرتىۋېتىدۇ.

---

13:9 **«سىلەر بېرىپ مۇقەددەس يازمىلاردىكى: «... » دېيىلگەن شۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىڭلار** ـ «سىلەر بېرىپ: «پالانى-پالانى سۆزلەر»نى ئۆگىنىڭلار» دېگەن سۆزلەر يەھۇدىي تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ باشقىلارغا يوليورۇق كۆرسەتكەندە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبارىلىرىنىڭ بىرى. مەسىھنىڭ بۇنى ئىشلىتىشى چوقۇم ئۇلارنى رەنجىتتى. خۇدانىڭ بۇ بېشارىتى تەۋراتتا، «ھوش.» 6:6دە تېپىلىدۇ. **«... ھەققانىيلارنى ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى چاقىرغىلى كەلدىم»** ـ مەسىھنىڭ مۇشۇ سۆزىدە «گۇناھكارلار» دېگىنى ئۆزلىرىنى گۇناھكار دەپ تونۇپ يەتكەنلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەممە ئادەم گۇناھكاردۇر. «ھەققانىيلار» ئۆزىنى ھەققانىي دەپ ھېسابلىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مەسىھ ئۇلارنى چاقىرالمايتتى.

**13:9** ھوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 12:7؛ مار. 2:17؛ لۇقا 5:32؛ 19:10؛ 1تىم. 1:15.

**14:9** مار. 2:18؛ لۇقا 5:33.

15:9 **«توي مېھمانلىرى»** ـ گرېك تىلىدا «مەرىكە زالىنىڭ پەرزەنتلىرى» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ئەمما شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، يىگىت ئۇلاردىن ئېلىپ كېتىلىدۇ، ئۇلار شۇ كۈندە روزا تۇتىدۇ»** ـ بۇ سۆزلەر ئەيسانىڭ ئۆز «مېھمانلاردىن ئېلىپ كېتىلىشى»، يەنى ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈزۈگە ئەگەشكەنلەرگە قايغۇ-ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق بىر بېشارەتتۇر.

**15:9** 2كور. 2:11.

نەتىجىدە، يىرتىق تېخىمۇ يوغىناپ كېتىدۇ. [17] شۇنىڭدەك، ھېچكىم يېڭى شارابنى كونا تۇلۇملارغا قاچىلىمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلسا، شارابنىڭ ئېچىشى بىلەن تۇلۇملار يېرىلىپ كېتىدۇ-دە، شارابمۇ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ ھەم تۇلۇملارمۇ كاردىن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر يېڭى شارابنى يېڭى تۇلۇملارغا قاچىلايدۇ؛ شۇنداق قىلغاندا، ھەر ئىككىلىسى ساقلىنىپ قالىدۇ.

## ئەيسا بىر قىز تىرىلدۈرىدۇ، بىر ئايال ساقايتىدۇ

مار. 5:21-43؛ لۇقا 8:40-56

[18] ئۇ يەھيانىڭ مۇخلىسلىرىغا بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، مانا بىر ھۆكۈمدار كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باش ئۇرۇپ:
مېنىڭ قىزىم ھازىرلا ئۆلۈپ كەتتى؛ ئەمما سىز بېرىپ ئۇنىڭغا قولىڭىزنى تەگكۈزۈپ قويسىڭىز، ئۇ تىرىلىدۇ، دېدى.
[19] ئەيسا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.
[20] ۋە مانا، يولدا خۇن تەۋرەش كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىغا ئون ئىككى يىل بولغان بىر ئايال ئەيسانىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ تونىنىڭ پېشىنى سىلىدى. [21] چۈنكى ئۇ ئىچىدە «ئۇنىڭ تونىنى سىلىسىلاملا، چوقۇم ساقىيىپ كېتىمەن» دەپ ئويلىغانىدى.
[22] ئەمما ئەيسا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنى كۆرۈپ:
قىزىم، يۈرەكلىك بول، ئىشەنچىڭ سېنى ساقايتتى! دېدى. شۇنىڭ

---

**16:9** «**ھېچكىم كونا كۆڭلەككە يېڭى رەختتىن ياماق سالمايدۇ**» — يېڭى رەخت كىرىشىپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**17:9** مار. 22:2.

**18:9** «**مانا بىر ھۆكۈمدار كېلىپ...**» — بۇ «ھۆكۈمدار» سىناگوگنىڭ چوڭى ئىدى («مار.» 22:5نى كۆرۈڭ). «**مېنىڭ قىزىم ھازىرلا ئۆلۈپ كەتتى**» — باشقا بىر تەرجىمىسى: «قىزىم بۇ ۋاقىتچە ئۆلگەن بولسا كېرەك،...».

**18:9** مار. 22:5؛ لۇقا 41:8.

**20:9** لاۋ. 25:15؛ مار. 25:5؛ لۇقا 43:8.

بىلەن ئۇ ئايال شۇ سائەتتە ساقايدى.
[23]ئەمدى ئەيسا ھېلىقى ھۆكۈمدارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، نەي چېلىۋاتقان ۋە ھازا تۇتۇپ ۋايساۋاتقان كىشىلەر توپىنى كۆرۈپ،
[24]ئۇلارغا:
چىقىپ كېتىڭلار، بۇ قىز ئۆلمىدى، بەلكى ئۇخلاۋاتىدۇ، — دېدى.
شۇنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك ئۇنى مەسخىرە قىلدى. [25]كىشىلەر چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ قىزنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋىدى، قىز ئورنىدىن تۇردى. [26]بۇ توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن يۇرتتا پۇر كەتتى.

## كور ۋە گاچا كىشىلەرنىڭ ساقايتىلىشى

[27]ئەيسا ئۇ يەردىن چىققاندا، ئىككى قارىغۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ:
ئى داۋۇتنىڭ ئوغلى، بىزگە رەھىم قىلغايسىز! — دەپ نىدا قىلىشتى.
[28]ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، شۇ ئىككى قارىغۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەيسا ئۇلاردىن:
سىلەر مېنىڭ بۇ ئىشقا قادىر ئىكەنلىكىمگە ئىشىنەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
ئى رەببىم، ئىشىنىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.

---

22:9 **«قىزىم، يۈرەكلىك بول»** — مەسىھنىڭ «يۈرەكلىك بول» دېگىنىگە قارىغاندا، ئايال بەك قورققان. نېمىشقا؟ ئۇنىڭدا خۇن تەۋرەش كېسىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەۋرات قانۇنى بويىچە ئۆزى تەگكەن بارلىق كىشىلەرنى «ناپاك» قىلغان بولىدۇ (يەنى، ئۇنىڭغا تېگىپ كەتكەنلەر ئىبادەتخانىغا كىرىشكە، قۇربانلىق قىلىشقا ۋاقىتلىق لاياقەتسىز بولاتتى). شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپتىكى خالايىقنىلا ناپاك قىلىپلا قالماي، بەلكى مەسىھنىڭ ئۆزىنىمۇ «ناپاك» قىلغان بولاتتى.
**22:9** مار. 38:5؛ لۇقا 51:8.
**23:9** مار. 38:5؛ لۇقا 51:8.
**24:9** يۇھ. 11:11.
27:9 **«ئى داۋۇتنىڭ ئوغلى، بىزگە رەھىم قىلغايسىز!»** — پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرى بويىچە، قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ «داۋۇتنىڭ ئەۋلادى» بولۇشى كېرەك. شۇڭا يەھۇدىيلار ئارىسىدا «داۋۇتنىڭ ئوغلى» دېگەن بۇ نام مەسىھنى كۆرسىتەتتى.

[29] ئۇ قولىنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ:
ئىشەنچىڭلار بويىچە بولسۇن! دېۋىدى، [30] ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى.
ئەيسا ئۇلارغا:
بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتماڭلار! دەپ قاتتىق تاپىلىدى. [31] لېكىن
ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپلا، ئۇنىڭ نام-شۆھرىتىنى پۈتكۈل يۇرتقا
يېيىۋەتتى.
[32] ئۇلار چىقىپ كېتىۋاتقاندا، كىشىلەر جىن چاپلاشقان بىر گاچىنى
ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. [33] ئۇنىڭغا چاپلاشقان جىننىڭ
ھەيدىلىشى بىلەنلا، ھېلىقى ئادەم زۇۋانغا كەلدى. خالايىق ئىنتايىن
ھەيرانۇھەس بولۇپ:
بۇنداق ئىش ئىسرائىلدا زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ــ دېيىشتى.
[34] لېكىن پەرىسىيلەر:
ئۇ جىنلارنى جىنلارنىڭ ئەمىرىگە تايىنىپ قوغلايدىكەن، دېيىشتى.

## ئەيسانىڭ خەلققە ئىچىنى ئاغرىتىشلىرى

[35] ۋە ئەيسا بارلىق شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلارنى كېزىپ، ئۇلارنىڭ
سىناگوگلىرىدا تەلىم بېرىپ، ئەرش پادىشاھلىقىدىكى خۇش
خەۋەرنى جاكارلىدى ۋە ھەرخىل كېسەللەرنى ۋە ھەرخىل مېيىپ-
ئاجىزلارنى ساقايتتى. [36] لېكىن ئۇ توپ-توپ ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا
ئىچ ئاغرىتتى، چۈنكى ئۇلار خارلىنىپ پادىچىسىز قوي پادىلىرىدەك
پاناھسىز ئىدى. [37] شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇخلىسلىرىغا:
ھوسۇل دەرۋەقە كۆپ ئىكەن، بىراق ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن

**30:9** مات. 16:12؛ لۇقا 14:5.
**31:9** مار. 36:7.
**32:9** مات. 22:12؛ لۇقا 14:11.
**34:9** مات. 24:12؛ مار. 22:3؛ لۇقا 15:11.
**35:9** مار. 6:6؛ لۇقا 22:13.
**36:9** يەر. 1:23؛ ئەز. 2:34؛ مار. 34:6.

ئىشلەيدىغانلار ئاز ئىكەن. [38] شۇڭا ھوسۇلنىڭ ئىگىسىدىن، ئۆز
ھوسۇلىنى يىغىۋېلىشقا ئىشلەمچىلەرنى جىددىي ئەۋەتكەيسەن،
دەپ تىلەڭلار، ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ ئون ئىككى روسۇلنى ئەۋەتىشى

مار. 3:13-19؛ 6:7-13؛ لۇقا 6:12-16؛ 9:1-6

10 [1] ئۇ ئون ئىككى مۇخلىسىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا ناپاك
روھلارنى قوغلاش ۋە ھەربىر كېسەللىكنى ھەم ھەربىر مېيىپ-
ئاجىزنى ساقايتىش ھوقۇقىنى بەردى. [2] ئون ئىككى روسۇلنىڭ
ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە: ئاۋۋال پېترۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان سىمون
ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئاندرىياس، ئاندىن زەبەدىينىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە
ئۇنىڭ ئىنىسى يۇھاننا، [3] فىلىپ ۋە بارتولوماي، توماس ۋە باجگىر
ماتتا، ئالفاينىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە لەببائۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان تاداي،
[4] مىللەتپەرۋەر دەپ ئاتالغان سىمون ۋە كېيىن ئەيساغا ساتقۇنلۇق
قىلغان يەھۇدا ئىشقارىيوت.
[5] ئەيسا بۇ ئون ئىككىسىنى خەلقنىڭ ئارىسىغا مۇنداق تاپىلاپ
ئەۋەتتى: ــ
يات ئەللىكلەرنىڭ يوللىرىغا چىقماڭلار، ياكى سامارىيەلىكلەرنىڭ
شەھەرلىرىگىمۇ كىرمەڭلار، [6] بەلكى تېنىگەن قوي پادىلىرى بولغان

**37:9** لۇقا 2:10؛ يۇھ. 35:4.

**38:9** 2تېس. 1:3.

**1:10** **«ناپاك روھلار»** ــ جىنلارنى كۆرسىتىدۇ.

**1:10** مار. 3:13؛ لۇقا 6:13؛ 1:9.

**3:10** **«فىلىپ ۋە بارتولوماي،...»** ــ «بارتولوماي»نىڭ باشقا بىر ئىسمى «ناتانىيەل» بولۇشى مۇمكىن («يۇھ.» 1:45). **«لەببائۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان تاداي»** ــ ئىنجىلدىكى بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە پەقەت «تاداي» دېيىلىدۇ.

**4:10** **«مىللەتپەرۋەر دەپ ئاتالغان سىمون»** ــ ياكى، «قانائانلىق سىمون». «يەھۇدىي مىللەتپەرۋەرلەر» ۋەتىنىنى رىم ئىمپېرىيەسىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن زوراۋانلىق بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلار ئىدى.

ئىسرائىل جەمەتىدىكىلەر ئارىسىغا بېرىڭلار. [7] بارغان يېرىڭلاردا:
«ئەرش پادىشاھلىقى يېقىنلىشىپ قالدى!» دەپ جاكارلاڭلار.
[8] ئاغرىق-سىلاقلارنى ساقايتىڭلار، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈڭلار، ماخاۋ
كېسەللىرىنى ساقايتىڭلار، جىنلارنى ھەيدىۋېتىڭلار. سىلەرگە
شاپائەت خالىس بېرىلگەندۇر، سىلەرمۇ خالىس ئىلتىپات قىلىڭلار.
[9] بەلۋېغىڭلارغا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇللارنى باغلاپ ئېلىپ
يۈرمەڭلار. [10] سەپەر ئۈچۈن بىرلا يەكتەكتىن باشقا نە خۇرجۇن، نە كەش،
نە ھاسا ئېلىۋالماڭلار. چۈنكى خىزمەتكار ئۆز ئىش ھەققىنى ئېلىشقا
ھەقلىقتۇر.
[11] ھەرقايسى شەھەر ياكى يېزىغا بارغان ۋاقتىڭلاردا، ئالدى بىلەن
شۇ يەردە كىمنىڭ ھۆرمەتكە لايىق مۆتىۋەر ئىكەنلىكىنى سوراڭلار؛
شۇنداق كىشىنى تاپقاندا، ئۇ يەردىن كەتكۈچە ئۇنىڭ ئۆيىدىلا
تۇرۇڭلار. [12] بىرەر ئۆيگە كىرگىنىڭلاردا، ئۇلارغا سالام بېرىڭلار. [13] ئەگەر

---

**6:10** روس. 26:3؛ 26:13، 46.

**7:10** لۇقا 2:9.

**8:10 «سىلەرگە شاپائەت خالىس بېرىلگەندۇر، سىلەرمۇ خالىس ئىلتىپات قىلىڭلار»** ــ گرېك تىلىدا پەقەت: «سىلەرگە خالىس بېرىلگەندۇر، سىلەرمۇ خالىس بېرىڭلار» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ

**8:10** لۇقا 9:10؛ روس. 18:8، 20.

**9:10** مار. 8:6؛ لۇقا 3:9؛ 35:22.

**10:10 «خۇرجۇن»** ــ ياكى «تىلەمچىنىڭ خالتىسى».

**10:10** لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ لۇقا 7:10؛ 1كور. 9:4، 14؛ 1تىم. 18:5.

**11:10 «ئۇ يەردىن كەتكۈچە ئۇنىڭ ئۆيىدىلا تۇرۇڭلار»** ــ بۇ ئەمردە چوڭ دانالىق بار. بۇ ئىككى سەۋەبتىن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن: ــ (1) كونا زامانلاردا كۆپ دىنىي ۋەز ئېيتقۇچىلار ئۆيمۇئۆي يوقلاپ پۇل تىلەيتتى؛ لېكىن ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى ھېچ تىلەمچىلىك قىلماسلىقى كېرەك؛ (2) ئۇلار ئۆيمۇ-ئۆي كۆچۈپ يۈرسە، خەلقتە بىر-بىرىگە قاراپ ھەرتۈرلۈك ھەسەت-گۇمان پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ــ «نېمىشقا ئۇلار بىزنىڭ ئۆيدە قونمايدۇ؟» ياكى «نېمىشقا ئۇلار **بىزنىڭ** ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىدۇ؟» دېگەندەك.

**11:10** مار. 10:6؛ لۇقا 4:9؛ 8:10.

**12:10 «بىرەر ئۆيگە كىرگىنىڭلاردا، ئۇلارغا سالام بېرىڭلار»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، «سالام» (ئىبرانىي تىلىدا «شالوم») دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «(ساڭا) خاتىرجەملىك-ئامانلىق تىلەيمەن».

**ئۇ ئائىلىدىكىلەر ھۆرمەتكە لايىق مۆتىۋەر كىشىلەر بولسا، تىلىگەن ئامانلىقىڭلار ئۇلارغا ئىجابەت بولسۇن؛ ئەگەر ئۇلار لايىق بولمىسا، تىلىگەن ئامانلىقىڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتسۇن. [14] سىلەرنى قوبۇل قىلمىغان، سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلىمىغان كىمدەكىم بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ياكى شۇ شەھەردىن كەتكىنىڭلاردا، ئايىغىڭلاردىكى توپىنى قېقىۋېتىڭلار. [15] مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، قىيامەت كۈنىدە سودوم ۋە گوموررا زېمىنىدىكىلەرنىڭ ھالى شۇ شەھەردىكىلەرنىڭكىدىن يېنىك بولىدۇ.**

## كەلگۈسىدىكى زىيانكەشلىك

مار. 41:9؛ 13-9:13؛ لۇقا 9-2:12؛ 53-51:12؛ 27،26:14؛ 17-12:21

**[16] مانا، مەن سىلەرنى قويلارنى بۆرىلەرنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتكەندەك ئەۋەتىمەن. شۇڭا، يىلاندەك سەزگۈر، پاختەكتەك ساپ دىللىق بولۇڭلار. [17] ئىنسانلاردىن پەخەس بولۇڭلار؛ چۈنكى ئۇلار سىلەرنى**

---

13:10 **«ئەگەر ئۇ ئائىلىدىكىلەر ھۆرمەتكە لايىق مۆتىۋەر كىشىلەر بولسا»** — ياكى «سالامغا لايىق بولغانلار بولسا». **«ئەگەر ئۇلار لايىق بولمىسا، تىلىگەن ئامانلىقىڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتسۇن»** — مۇشۇ كىشىلەرنىڭ لايىق ئىكەنلىكى ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇستىگە مۇخلىسلار تىلىگەن ئامانلىقنىڭ چۈشۈش-چۈشمەسلىكى ئۇلارنىڭ مۇخلىسلارنى قوبۇل قىلغان-قىلمىغانلىقى بىلەن باغلىق ئىدى. 14-ئايەتنى كۆرۈڭ.

14:10 **«ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ياكى شۇ شەھەردىن كەتكىنىڭلاردا، ئايىغىڭلاردىكى توپىنى قېقىۋېتىڭلار»** — «ئاياغدىكى توپىنى قېقىۋېتىش» دېگەن ئىشارەت «بىزنىڭ سىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىمىز يوق»، دېگەننى بىلدۈرۈپ، خۇدانىڭ سۆزىنى رەت قىلغانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى.

**14:10** مار. 11:6؛ لۇقا 5:9؛ روس. 51:13؛ 6:18.

15:10 **«سودوم ۋە گوموررا»** — ئىبراھىم پەيغەمبەر زامانىدىكى ئىككى شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئادەملىرى ئوخشاش ھەمجىنسلىق زىناخورلۇقىغا (بەچچىۋازلىققا) قاتتىق بېرىلىپ گۇناھقا پاتقانلىقتىن، خۇدا بۇ شەھەرلەرنى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ ئوت چۈشۈرۈپ يوقاتقان.

**15:10** مار. 11:6؛ لۇقا 12:10.

16:10 **«يىلاندەك سەزگۈر... بولۇڭلار»** — گرېك تىلىدا «يىلاندەك ئاقىلانە ... بولۇڭلار».

**16:10** لۇقا 3:10.

تۇتۇۋېلىپ سوت مەھكىمىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، سىناگوگلىرىدا
قامچىلايدۇ. [18] ئۇلار ۋە شۇنداقلا يات ئەللىكلەر ئۇچۇن بىر گۇۋاھلىق
بولۇشقا، سىلەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەمىرلەر ۋە پادىشاھلار ئالدىغا
ئېلىپ بېرىلىپ سوراققا تارتىلىسىلەر. [19] لېكىن ئۇلار سىلەرنى
سوراققا تارتقان ۋاقتىدا، قانداق جاۋاب بېرىش ياكى نېمە جاۋاب
بېرىشتىن ئەنسىرەپ كەتمەڭلار. چۈنكى شۇ ۋاقتى-سائىتىدە ئېيتىش
تېگىشلىك سۆزلەر سىلەرگە تەمىنلىنىدۇ. [20] چۈنكى سۆزلىگۈچى
ئۆزۈڭلار ئەمەس، بەلكى ئاتاڭلارنىڭ روھى سىلەر ئارقىلىق سۆزلەيدۇ.
[21] قېرىنداش قېرىندىشىغا، ئاتا بالىسىغا خائىنلىق قىلىپ، ئۆلۈمگە
تۇتۇپ بېرىدۇ. بالىلارمۇ ئاتا-ئانىسىغا قارشى چىقىپ، ئۇلارنى ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلدۇرىدۇ. [22] شۇنداقلا سىلەر مېنىڭ نامىم تۈپەيلىدىن ھەممە
ئادەمنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايسىلەر. لېكىن ئاخىرغىچە بەرداشلىق
بەرگەنلەر بولسا قۇتقۇزۇلىدۇ. [23] ئۇلار سىلەرگە بۇ شەھەردە زىيانكەشلىك
قىلسا، يەنە بىر شەھەرگە قېچىپ بېرىڭلار. چۈنكى مەن سىلەرگە
شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئىنسانئوغلى قايتىپ كەلگۈچە سىلەر
ئىسرائىلنىڭ بارلىق شەھەرلىرىنى ئارىلاش ۋەزىپىڭلار تۈگىمەيدۇ.
[24] مۇخلىس ئۇستازىدىن، قۇل خوجايىنىدىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ.
[25] مۇخلىس ئۇستازىغا ئوخشاش بولسا، قۇل خوجايىنىغا ئوخشاش

---

17:10 **«ئۇلار سىلەرنى تۇتۇۋېلىپ سوت مەھكىمىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ»** — «سوت مەھكىمىلىرى» يەھۇدىيلارنىڭ مەھكىمىلىرىنى ۋە بەلكىم باشقا خەرەل سوراقخانىلارنى كۆرسىتىدۇ

**17:10** مات. 9:24؛ لۇقا 12:21؛ يۇھ. 20:15؛ 2:16؛ ۋەھ. 1:2.

**18:10** روس. 1:24؛ 4:25.

**19:10** مار. 11:13؛ لۇقا 11:12؛ 14:21.

**21:10** مك. 2:7، 5؛ لۇقا 16:21.

**22:10** مات. 13:24؛ مار. 13:13؛ لۇقا 19:21؛ ۋەھ. 2:10؛ 10:3.

**23:10** مات. 13:2؛ 12:4؛ 15:12؛ روس. 1:8؛ 25:9؛ 6:14.

24:10 **«مۇخلىس ئۇستازىدىن، قۇل خوجايىنىدىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ»** — بۇ سىرلىق سۆز بەلكىم مۇخلىسلار مەسىھكە تولۇق ئەگەشسە، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتنى كۆرۈلەيدۇ، دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**24:10** لۇقا 40:6؛ يۇھ. 16:13؛ 20:15.

**بولسا رازى بولسۇن. ئۇلار ئۆينىڭ ئىگىسىنى «بەئەلزىبۇل» دەپ تىللىغان يەردە، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق هاقارەتلىمەمدۇ؟**
[26] **شۇڭا ئۇلاردىن قورقماڭلار؛ چۈنكى هېچقانداق يېپىق قويۇلغان ئىش ئاشكارىلانماي قالمايدۇ، ۋە هېچقانداق مەخپىي ئىش ئايان بولماي قالمايدۇ.**
[27] **مېنىڭ سىلەرگە قاراڭغۇدا ئېيتىدىغانلىرىمنى يورۇقتا ئېيتىۋېرىڭلار. قۇلىقىڭلارغا پىچىرلاپ ئېيتىلغانلارنى ئۆگزىلەردە جاكارلاڭلار.** [28] **تەننى ئۆلتۈرسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ جان-روهىنى ئۆلتۈرەلمەيدىغانلاردىن قورقماڭلار؛ ئەكسىچە، تەن ۋە جان-روهنى دوزاختا هالاك قىلىشقا قادىر بولغۇچىدىن قورقۇڭلار.** [29] **ئىككى قۇشقاچنى بىر تىيىنگە سېتىۋالغىلى بولىدۇغۇ؟ لېكىن ئۇلاردىن بىرىمۇ ئاتاڭلارسىز يەرگە چۈشمەيدۇ.** [30] **ئەمما سىلەر بولساڭلار، هەتتا هەربىر تال چېچىڭلارمۇ سانالغاندۇر.** [31] **شۇڭا، قورقماڭلار. سىلەر نۇرغۇنلىغان قۇشقاچتىنمۇ قىممەتلىكتۇرسىلەر!**
[32] **شۇڭا، مېنى ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلغانلارنىڭ**

---

25:10 **«ئۇلار ئۆينىڭ ئىگىسىنى «بەئەلزىبۇل» دەپ تىللىغان يەردە...»** — «ئۆينىڭ ئىگىسى» ئەيسا ئۆزى، ئەلۋەتتە. «بەئەلزىبۇل» — جىنلارنىڭ پادىشاهى شەيتاننىڭ يەنە بىر ئىسمى. ئەيسا ئۆزى خەلق ئارىسىدا «ئالقىشلىق» بولمىسا ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش هاقارەتكە ئۇچراشقا رازى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە؛ هەتتا بۇ ئىشنى «خۇدا ئۆز نامى ئۈچۈن بىزگە هاقارەتكە ئۇچراشقا ئىمتىياز بەردى» دەپ هېسابلاش كېرەك («فىل.» 29:1نى كۆرۈڭ).
**25:10** مات. 34:9؛ 24:12؛ مار. 22:3؛ لۇقا 15:11؛ يـۇه. 48:8.
**26:10** ئايۇپ 22:12؛ يەش. 12:8؛ يەر. 8:1؛ مار. 22:4؛ لۇقا 17:8؛ 2:12.
28:10 **«لېكىن ئادەمنىڭ جان-روهىنى ئۆلتۈرەلمەيدىغانلاردىن قورقماڭلار...»** — مۇشۇ ئايەتتە «روه-جان» ئىنسانلارنىڭ روهىي قىسمىنى، يەنى ئىچكى دۇنياسىنى كۆرسىتىدۇ.
**28:10** يەر. 8:1؛ لۇقا 4:12.
29:10 **«ئىككى قۇشقاچنى بىر تىيىنگە سېتىۋالغىلى بولىدۇغۇ؟»** — «بىر تىيىن» گرېك تىلىدا «ئاسسارىيون». شۇ دەۋردىكى بىر ئىشچىنىڭ كۈنلۈك هەققى بولغان «دىنارىئۇس»نىڭ 1/16 قىسمى ئىدى.
**30:10** 1سام. 45:14.

ھەربىرىنى مەنمۇ ئەرشتىكى ئاتامنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىمەن؛
[33] بىراق ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا مەندىن تانغانلارنىڭ ھەربىرىدىن
مەنمۇ ئەرشتىكى ئاتام ئالدىدا تانىمەن.

## مۇخلىس بولغىنى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى مۇمكىن

[34] مېنىڭ دۇنياغا كېلىشىمنى تىنچلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈندۇر، دەپ
ئويلاپ قالماڭلار. مەن تىنچلىق ئەمەس، بەلكى قىلىچنى يۈرگۈزۈشكە
كەلدىم. [35] چۈنكى مېنىڭ كېلىشىم «ئوغۇلنى ئاتىسىغا، قىزنى
ئانىسىغا، كېلىننى قېيىنئانىسىغا قارشى چىقىرىش» ئۈچۈن بولىدۇ.
[36] شۇنىڭ بىلەن «ئادەمنىڭ دۈشمەنلىرى ئۆز ئائىلىسىدىكى كىشىلەر
بولىدۇ».
[37] ئاتا-ئانىسىنى مەندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلار ماڭا مۇناسىپ
ئەمەستۇر. ئۆز ئوغۇل-قىزىنى مەندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلارمۇ
ماڭا مۇناسىپ ئەمەس. [38] ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا

---

**32:10** مار. 38:8؛ لۇقا 26:9؛ 8:12؛ 2تىم. 12:2.

**34:10 «... مەن تىنچلىق ئەمەس، بەلكى قىلىچنى يۈرگۈزۈشكە كەلدىم»** — 38:5-48دە خاتىرىلەنگەندەك، ئەيسانىڭ ئېتىقادچىلارنى ئۇرۇشماسلىققا دەۋەت قىلىدىغان تەلىمگە ئاساسەن، ئېتىقادچىلار قولىغا قىلىچ ئېلىشىغا بولمايدۇ شۇڭا مۇشۇ ئايەتتىكى «قىلىچ» (خۇدانىڭ سۆزلىرىگە رەنجىيدىغان ئادەمنىڭ قولىدا بولۇپ) ئېتىقادچىلارغا قارشى چىققان قىلىچنى، ياكى كۆچمە مەنىدە «جېدەل-ماجىرا»نى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك.

**34:10** لۇقا 51:12.

**35:10** مىك. 6:7.

**36:10 «شۇنىڭ بىلەن «ئادەمنىڭ دۈشمەنلىرى ئۆز ئائىلىسىدىكى كىشىلەر بولىدۇ»** — مۇشۇ سۆزلەر تەۋرات «مىك.» 6:7دىن ئېلىنغان.

**36:10** زەب. 9:41؛ 55:12-14؛ يـۇھ. 18:13.

**37:10** لۇقا 26:14.

**ئەگەشمىگەنلەرمۇ ماڭا مۇناسىپ ئەمەس. [39] ئۆز ھاياتىنى ئايايدىغان
كىشى ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولىدۇ؛ مەن ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىن مەھرۇم
بولغان كىشى ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. [40] سىلەرنى قوبۇل قىلغانلار
مېنىمۇ قوبۇل قىلغان بولىدۇ؛ مېنى قوبۇل قىلغانلار بولسا
مېنى ئەۋەتكۈچىنىمۇ قوبۇل قىلغان بولىدۇ. [41] بىر پەيغەمبەرنى
پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىدە قوبۇل قىلغان كىشى پەيغەمبەرگە خاس
بولغان ئىنئامغا ئېرىشىدۇ. ھەققانىي ئادەمنى ئۇ ھەققانىي ئىكەن
دەپ بىلىپ قوبۇل قىلغانلار ھەققانىي ئادەمگە خاس بولغان ئىنئامغا
ئېرىشىدۇ. [42] مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ
بۇ شاكىچىكلىرىمدىن ئەڭ كىچىكى بىرىنى مېنىڭ مۇخلىسىم دەپ
بىلىپ ئۇنىڭغا ھەتتا پەقەت بىرەر چىنە سوغۇق سۇ بەرگەن كىشىمۇ
جەزمەن ئۆزىگە لايىق ئىنئامدىن مەھرۇم بولمايدۇ.**

---

10:38 **«ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا ئەگەشمىگەنلەرمۇ ماڭا مۇناسىپ ئەمەس»** — رىملىقلار تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر مىخلىنىدىغان كرېستنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ جازا مەيدانىغا باراتتى. كرېستلىنىش ئادەمنى قىينايدىغان، ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋە ئاھانەتلىك ئۆلۈم جازا ئۇسۇلى بولۇپ، «ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈش» دېگەننىڭ كۆپ مەنىلىرى ئىچىدە تۈۋەندىكىلەرنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالسا كېرەك: (1) ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشقا، (2) تىل-ئاھانەت ئىشتىشكە، (3) خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا، «ئۆز-ئۆزىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغاندەك» ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى رەت قىلىشقا تەييار بولۇش.

**10:38** مات. 16:24؛ مار. 8:34؛ لۇقا 9:23؛ 14:27.

**10:39** مات. 16:25؛ مار. 8:35؛ لۇقا 9:24؛ 17:33؛ يۇھ. 12:25.

**10:40** لۇقا 10:16؛ يۇھ. 13:20.

10:41 **«بىر پەيغەمبەرنى پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىدە قوبۇل قىلغان كىشى»** — دېمەك، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى، خۇدانىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنى قوبۇل قىلغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**10:41** 1پاد. 17:10؛ 18:4؛ 2پاد. 4:8.

**10:42** مات. 25:40؛ مار. 9:41؛ ئىبر. 6:10.

## يەھيا پەيغەمبەرنىڭ گۇمانىي سوئالى

لۇقا 7:18-35

11 [1] ئەيسا ئون ئىككى مۇخلىسىغا بۇ ئىشلارنى تاپىلاپ
بولغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ شۇ يەردىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە
تەلىم بېرىش ۋە خۇدانىڭ كالامىنى جاكارلاش ئۈچۈن ئۇ يەردىن كەتتى.
[2] زىنداندا سولاقلىق يەھيا پەيغەمبەر مەسىھنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى
ئاڭلاپ، مۇخلىسلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئەيسادىن:
[3] «كېلىشى مۇقەررەر زات ئۆزلىرىمۇ، ياكى باشقا بىرسىنى كۈتۈشىمىز
كېرەكمۇ؟» ــ دەپ سورىدى.
[4] ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
يەھيانىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز ئاڭلاۋاتقانلىرىڭلارنى ۋە
كۆرۈۋاتقانلىرىڭلارنى بايان قىلىپ — [5] كورلار كۆرەلەيدىغان ۋە
توكۇرلار ماڭالايدىغان بولدى، ماخاۋ كېسىلى بولغانلار ساقايتىلدى،
گاسلار ئاڭلىيالايدىغان بولدى، ئۆلگەنلەرمۇ تىرىلدۈرۈلدى ۋە
كەمبەغەللەرگە خۇش خەۋەر جاكارلاندى» ــ دەپ ئېيتىڭلار. [6] ۋە
ئۇنىڭغا يەنە: «مەندىن گۇمانلانماي پۈتلىشىپ كەتمىگەن كىشى
بولسا بەختلىكتۇر!» دەپ قويۇڭلار، ــ دېدى.

---

1:11 «ئۆزىمۇ شۇ يەردىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە تەلىم بېرىش ... ئۈچۈن ئۇ يەردىن كەتتى» ــ «شۇ يەر» گالىلىيەنى دېمەكچى.

2:11 لۇقا 18:7.

3:11 «كېلىشى مۇقەررەر زات ئۆزلىرىمۇ، ياكى باشقا بىرسىنى كۈتۈشىمىز كېرەكمۇ؟» ــ «كېلىشى مۇقەررەر زات» بولسا خۇدا ۋەدە قىلغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ، ئەلۋەتتە. يەھيا ئۆزى مەسىھنىڭ يولىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئەۋەتىلگەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ــ «سەن بىز كۈتكەن كىشىمۇسەن» دەپ گۇمانلىنىپ سورايدۇ.

5:11 يەش. 18:29؛ 5:35؛ 1:61؛ لۇقا 18:4.

6:11 «ۋە ئۇنىڭغا يەنە: «مەندىن گۇمانلانماي پۈتلىشىپ كەتمىگەن كىشى بولسا بەختلىكتۇر!» دەپ قويۇڭلار» ــ يەھيا پەيغەمبەر زىنداندا يېتىپ: «ئەيسا قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ بولسا نېمىشقا مېنى زىنداندىن قۇتقۇزمىغان؟» ــ دەپ گۇمانلانغان بولسا كېرەك ئىدى. يەھيانىڭ بۇ سوئالى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

7 ئۇلار كەتكەندە، ئەيسا توپ-توپ ئادەملەرگە يەھيا توغرۇلۇق
سۆزلەشكە باشلىدى:
«سىلەر ئەسلى يەھيانى ئىزدەپ چۆلگە بارغىنىڭلاردا، زادى نېمىنى
كۆرگىلى باردىڭلار؟ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قومۇشنىمۇ؟ 8 ياكى
ئېسىل كىيىنگەن بىر ئەربابنىمۇ؟ مانا، ئېسىل كىيىملەرنى
كىيگەنلەر خان ئوردىلىرىدىن تېپىلىدىغۇ! 9 ئەمدى سىلەر نېمە
كۆرگىلى باردىڭلار؟ بىر پەيغەمبەرنىمۇ؟ دۇرۇس، ئەمما مەن شۇنى
سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، بۇ بولسا پەيغەمبەردىنمۇ ئۈستۈن بىر
بولغۇچىدۇر. 10 چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردىكى: ــ
«مانا، يۈز ئالدىڭغا ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن؛
ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدا يولۇڭنى تەييارلايدۇ»
دەپ پۈتۈلگەن سۆز دەل ئۇنىڭ توغرىسىدا پۈتۈلگەندۇر. 11 مەن سىلەرگە
شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئاياللاردىن تۇغۇلغانلار ئارىسىدا
چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيادىنمۇ ئۇلۇغى تۇرغۇزۇلغىنى يوق؛ ئەمما ئەرش
پادىشاھلىقىدىكى ئەڭ كىچىك بولغىنىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ تۇرىدۇ.
12 ئەمما چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا ئوتتۇرىغا چىققان كۈنلەردىن بۈگۈنكى
كۈنگىچە، ئەرش پادىشاھلىقىغا كىرىش يولى شىددەت بىلەن
ئېچىلدى ۋە كىشىلەر ئۇنى شىددەت بىلەن تۇتۇۋالىدۇ. 13 چۈنكى

---

**7:11** لۇقا 7:24.

**10:11 «مانا، يۈز ئالدىڭغا ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن؛ ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدا يولۇڭنى تەييارلايدۇ»** ــ تەۋرات، «مال.» 3:1، «يەش.» 40:3.

**10:11** مىس. 23:20؛ مال. 3:1؛ مار. 1:2؛ لۇقا 7:27.

**12:11 «ئەرش پادىشاھلىقىغا كىرىش يولى شىددەت بىلەن ئېچىلدى ۋە كىشىلەر ئۇنى شىددەت بىلەن تۇتۇۋالىدۇ»** ــ باشقا بىر تەرجىمىسى: «ئەرش پادىشاھلىقى زوراۋانلىقتا ئۇچرىماقتا. زوراۋانلار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلماقتا». بىراق بىزنىڭچە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئاساسەن «خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىش ئاسان ئەمەس؛ چۈنكى ئۇنىڭغا ھەرخىل ھۇجۇملار قىلىنىدۇ؛ لېكىن ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرىشكە تەييار، ئىرادىسى قەتئىي ئادەملەر ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ». يەنە «لۇقا» 16:16نى كۆرۈڭ. بىزنىڭچە يەنە، 12-14-ئايەتلەر «مىك.» 2:12-13 بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. «مىكاھ»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

**12:11** لۇقا 16:16.

بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەت بېرىش خىزمىتى، شۇنداقلا
تەۋراتتىكى يازمىلار ئارقىلىق بېشارەت يەتكۈزۈلۈش خىزمىتى
يەھيا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. [14] ۋە ئەگەر شۇ سۆزنى قوبۇل قىلالىساڭلار،
«قايتىپ كېلىشى مۇقەررەر بولغان ئىلياس پەيغەمبەر» بولسا،
يەھيانىڭ ئۆزىدۇر. [15] ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن!
[16] لېكىن بۇ دەۋردىكى كىشىلەرنى زادى كىملەرگە ئوخشىتاي؟
ئۇلار خۇددى رەستە-بازارلاردا ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر-بىرىگە: [17] «بىز
سىلەرگە سۇناي چېلىپ بەرسەكمۇ، ئۇسسۇل ئوينىمىدىڭلار»،
«ماتەم پەدىسىگە چېلىپ بەرسەكمۇ، يىغا-زار قىلمىدىڭلار» دەپ
قاقشايدىغان تۇتۇرۇقسىز باللارغا ئوخشايدۇ. [18] چۈنكى يەھيا
كېلىپ زىياپەتتە ئولتۇرمايتتى، شاراب ئىچمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن،
ئۇلار: «ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپتۇ» دېيىشىدۇ. [19] ئىنسانئوغلى
بولسا كېلىپ ھەم يەيدۇ ھەم ئىچىدۇ ۋە مانا، ئۇلار: «تازا بىر توپىماس
ۋە بىر مەيخور ئىكەن. ئۇ باجگىرلار ۋە گۇناھكارلارنىڭ دوستى»

14:11 **«ۋە ئەگەر شۇ سۆزنى قوبۇل قىلالىساڭلار، «قايتىپ كېلىشى مۇقەررەر بولغان ئىلياس پەيغەمبەر» بولسا، يەھيانىڭ ئۆزىدۇر»** — تەۋراتتا، يەنى «مال.» 4:5-6دە، قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىن ئاۋۋال ئىلياس پەيغەمبەر مەسىھنىڭ يولىنى تەييارلاش ئۈچۈن قايتىپ كېلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. يەھۇدىيلار مەسىھنىڭ كېلىشىنى كۈتكەچكە، بۇ بېشارەتكە ئاساسەن ئىلياسنىڭ ئاۋۋال كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندى. يەھيا پەيغەمبەر ئىلياس پەيغەمبەردەك كۈچ-قۇدرەت بىلەن كەلگەن («لۇقا» 1:13-17نى كۆرۈڭ). شۇڭا مەسىھ ئەيسا بۇ بېشارەت ئۇنىڭ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان، دەپ ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، (يەھۇدىي خەلقى «ئاۋۋالقى ئىلياس» بولغان يەھيانىڭ خەۋىرىنى رەت قىلغان بولغاچقا) مەسىھنىڭ قىيامەت كۈنىدە دۇنياغا قايتىپ كېلىشىدىن ئاۋۋالمۇ ئىلياس پەيغەمبەر ئۆزى قايتىدىن پەيدا بولىدۇ دەپ ئىشەنچىمىز بار (يەنە «مال.» 4:5-6نى ۋە «مار.» 9:11-13نىمۇ كۆرۈڭ).

**14:11** مال. 3:23؛ لۇقا 1:17.

**16:11** لۇقا 7:31.

18:11 **«يەھيا كېلىپ زىياپەتتە ئولتۇرمايتتى، شاراب ئىچمەيتتى»** — گرېك تىلىدا «يەھيا كېلىپ، نە يېمەيدۇ نە ئىچمەيدۇ». ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، يەھيا پەيغەمبەر ئىنتايىن غورىگىل ئوزۇقلىناتتى، پات-پات روزا تۇتاتتى. «مات.» 3:4نى كۆرۈڭ.

**18:11** مات. 3:4؛ مار. 1:6.

دېيىشىدۇ. لېكىن دانالىق بولسا ئۆز پەرزەنتلىرى ئارقىلىق دۇرۇس دەپ تونۇلىدۇ».

## ئەيسانى چەتكە قاققان شەھەرلەر

لۇقا 10:13-15

[20] ئاندىن ئۇ ئۆزى كۆپ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقانلارنى تووۋا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەپ، مۇنداق دېدى: ــ
[21] ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي قورازىنلىقلار! ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي بەيت-سائىدالىقلار! چۈنكى سىلەردە كۆرسىتىلگەن مۆجىزىلەر تۇر ۋە زىدون شەھەرلىرىدە كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇ يەرلەردىكىلەر خېلى بۇرۇنلا بوز كىيىمگە يۆگىنىپ، كۈلگە مىلىنىپ تووۋا قىلغان بولاتتى.
[22] مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، قىيامەت كۈنىدە تۇر ۋە زىدوندىكىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى سىلەرنىڭكىدىن يېنىك بولىدۇ.
[23] ئەي ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن كەپەرناھۇملۇقلار! سىلەر تەھتىساراغا چۈشۈرۈلىسىلەر. چۈنكى ئاراڭلاردا يارىتىلغان مۆجىزىلەر سودومدا

---

19:11 **«لېكىن دانالىق بولسا ئۆز پەرزەنتلىرى ئارقىلىق دۇرۇس دەپ تونۇلىدۇ»** ــ ياكى «دانالىق بولسا ئۆز ئىش-مېۋىلىرى ئارقىلىق دۇرۇس دەپ تونۇلىدۇ». بۇ قىسقا ئايەت ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىكى كۆپ مۇھىم پرىنسىپلار توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**20:11** لۇقا 13:10.

21:11 **«سىلەردە كۆرسىتىلگەن مۆجىزىلەر تۇر ۋە زىدون شەھەرلىرىدە كۆرسىتىلگەن بولسا...»** ــ تۇر ۋە زىدون ئەسلى بۇتپەرەس «يات ئەللەر»نىڭ شەھەرلىرى ئىدى. مەسىلەن، «ئەزاكىيال» 26-29-بابنى كۆرۈڭ ــ ئىككى شەھەر بۇ بابلاردا گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئەيىبلىنىدۇ. «زىدون» گرېك تىلىدا «سىدون» دېيىلىدۇ. **«ئۇ يەرلەردىكىلەر خېلى بۇرۇنلا بوز كىيىمگە يۆگىنىپ، كۈلگە مىلىنىپ تووۋا قىلغان بولاتتى»** ــ «بوزگە (ماتاغا) يۆگىنىپ، كۈلگە مىلىنىش» ــ كونا زامانلاردا قاتتىق پۇشايمان قىلىش، گۇناھلارغا تووۋا قىلىشنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى.

**21:11** 2سام. 19:13؛ 2پاد. 30:6؛ 1:19.

**22:11** مات. 15:10.

يارىتىلغان بولسا، ئۇ شەھەر بۈگۈنگىچە ھالاك بولمىغان بولاتتى.
[24] ئەمما مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، قىيامەت كۈنىدە سودوم
زېمىنىدىكىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى سىلەرنىڭكىدىنمۇ يېنىك بولىدۇ.

## ئەيسانىڭ خۇشاللىقى

لۇقا 10:21-22

[25] شۇ ۋاقىتلاردا، ئەيسا بۇ ئىشلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:
ئاسمان-زېمىن ئىگىسى ئى ئاتا! سەن بۇ ھەقىقەتلەرنى دانىشمەن
ۋە ئەقىللىقلاردىن يوشۇرۇپ، سەبىي بالىلارغا ئاشكارىلىغانلىقىڭ
ئۈچۈن ساڭا مەدھىيىلەر ئوقۇيمەن! [26] بەرھەق، ئى ئاتا، نەزىرىڭدە
بۇنداق قىلىش راۋا ئىدى.
[27] ھەممە ماڭا ئاتامدىن تەقدىم قىلىندى؛ ئوغۇلنى ئاتىدىن باشقا
ھېچكىم تونۇمايدۇ، ۋە ئاتىنىمۇ ئوغۇل ۋە ئوغۇل ئاشكارىلاشنى
لايىق كۆرگەن كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم تونۇمايدۇ.
[28] ئەي جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر يۈك يۈكلەنگەن ھەممىڭلار! مېنىڭ يېنىمغا
كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي. [29] مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمنى
كىيىپ، مەندىن ئۆگىنىڭلار؛ چۈنكى مەن مۆمىن ۋە كەمتەرمەن؛ شۇنداق
قىلغاندا، كۆڭلۈڭلار ئارام تاپىدۇ. [30] چۈنكى مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمدا
بولۇش ئاسان، مېنىڭ ئارتىدىغان يۈكۈم يېنىكتۇر.

---

**23:11** **«ئەي ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن كەپەرناھۇملۇقلار!»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەي سىلەر كەپەرناھۇملۇقلار! ئاسمانغا چىقماقچىمىدىڭلار؟». لېكىن بىزنىڭچە «ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن» دېگىنى توغرا بولۇپ، بۇ سۆز ئەيسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقتىن ئۇلارغا كۆرسىتىلگەن زور ئىمتىياز-ئىلتىپاتنى كۆرسىتىدۇ. **«سودوم شەھىرى»** — 15:10نى، «يار.» 16:18-29:19نى كۆرۈڭ.

**24:11** مات. 15:10.

**25:11** ئايۇپ 12:5؛ يەش. 14:29؛ لۇقا 21:10؛ 1كور. 19:1؛ 7:2، 8.

**27:11** مات. 18:28؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 18:1؛ 35:3؛ 46:6.

**29:11** زەب. 4:45؛ يەر. 16:6؛ زەك. 9:9

**30:11** 1يۇھ. 3:5.

## ئەيسا «شابات»نىڭ ئىگىسىدۇر

## «شابات كۈنى» توغرۇلۇق 1-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

مار. 2:23-28؛ لۇقا 6:1-5

12 [1] شۇ چاغلاردا بىر شابات كۈنى، ئەيسا بۇغدايلىقلاردىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن مۇخلىسلىرى
باشاقلارنى ئۈزۈپ، يېيىشكە باشلىدى. [2] لېكىن بۇنى كۆرگەن
پەرىسىيلەر ئۇنىڭغا:
قارا، مۇخلىسلىرىڭ شابات كۈنى تەۋراتتا چەكلەنگەن ئىشنى
قىلىۋاتىدۇ، دېيىشتى.
[3] بىراق ئۇ ئۇلارغا:
داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئاچ قالغاندا نېمە قىلغانلىقىنى
مۇقەددەس يازمىلاردىن ئوقۇمىغانمۇسىلەر؟ [4] ئۇ خۇدانىڭ ئۆيىگە
كىرىپ، خۇداغا ئاتالغان، شۇنداقلا ئۆزى ۋە ھەمراھلىرىغا نىسبەتەن
تەۋرات قانۇنى بويىچە يېيىشكە بولمايدىغان «تەقدىم نانلار»نى
سوراپ ئېلىپ، ئۇلارنى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە يېگەن. ئەسلىدە

---

1:12 **«شابات كۈنى»** — شەنبە كۈنى، تەۋرات كالېندارى بويىچە ھەپتىنىڭ يەتتىنچى كۈنى بولۇپ، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئىسرائىلدىكى ھەربىر ئىنسان ۋە مال-چارۋىلارمۇ شۇ كۈنى ھەرقانداق ئىش-خىزمەت قىلماي، دەم ئېلىشى كېرەك ئىدى. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**1:12** قان. 23:24؛ مار. 2:23؛ لۇقا 6:1.

2:12 **«مۇخلىسلىرىڭ شابات كۈنى تەۋراتتا چەكلەنگەن ئىشنى قىلىۋاتىدۇ»** — «چەكلەنگەن ئىش» توغرۇلۇق — تەۋرات قانۇنىدا چەكلەنگەن. تەۋرات قانۇنى بويىچە دەم ئېلىش كۈنى «خامان تېپىش» «خىزمەت» دەپ قارىلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق ئىش دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. پەرىسىيلەر مۇخلىسلارنىڭ دانلارنى يېيىش ئۈچۈن ئاقلىشىنى «خامان تەپكەنلىككە باراۋەر» دەپ قارىغان. ئەمدى باشاقلارنى ئۈزۈپ يېيىش زىرائەتلەرگە ئورغاق سېلىش بىلەن ئوخشاشمۇ ياكى ئوخشاش ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا ئوقۇرمەنلەر مەسىھنىڭ جاۋابىنى ئوقۇپ ئۆزى بىرنېمە دېسۇن! «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە مۇشۇ ۋەقە توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ.

**2:12** مىس. 10:20.

3:12 **«داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئاچ قالغاندا نېمە قىلغانلىقىنى مۇقەددەس يازمىلاردىن ئوقۇمىغانمۇسىلەر؟»** — «ئوقۇمىغانمۇسىلەر؟» دېگەن سۆز پەرىسىيلەرنىڭ دائىم رەقىبلىرىدىن سورايدىغان سوئال شەكلى ئىدى.

بۇ نانلارنى پەقەت كاھىنلارنىڭ يېيىشىگىلا بولاتتى.
5سىلەر تەۋراتتىن شۇنى ئوقۇپ باقمىغانسىلەركى، ئىبادەتخانىدا
ئىشلەيدىغان كاھىنلار شابات كۈنلىرى ئىشلەپ شابات تەرتىپىنى
بۇزسىمۇ، گۇناھقا بۇيرۇلمايدۇ. 6بىراق مەن شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ
قويايكى، بۇ يەردە ئىبادەتخانىدىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى بار. 7ئەمدىلىكتە
ئەگەر سىلەر خۇدانىڭ «مۇقەددەس يازمىلاردا»: «ئىزدەيدىغىنىم
قۇربانلىقلار ئەمەس، بەلكى رەھىم-شەپقەت» دېيىلگەن شۇ سۆزنىڭ
مەنىسىنى بىلگەن بولساڭلار، بىگۇناھ كىشىلەرنى گۇناھكار
دەپ بېكىتمەيتتىڭلار. 8چۈنكى ئىنسانئوغلى شابات كۈنىنىڭ
ئىگىسىدۇر.

## شابات كۈندە بىمارنى ساقايتىشقا بولامدۇ؟

مار. 6-1:3؛ لۇقا 11-6:6

9ئۇ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ سىناگوگىغا كىردى. 10ۋە مانا،
ئۇ يەردە بىر قولى يىگىلەپ قالغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ
ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا سەۋەب تاپماقچى بولۇپ ئۇنىڭدىن:

---

4:12 **«داۋۇت خۇدانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، خۇداغا ئاتالغان، شۇنداقلا ئۆزى ۋە ھەمراھلىرىغا نىسبەتەن تەۋرات قانۇنى بويىچە يېيىشكە بولمايدىغان «تەقدىم نانلار»نى سوراپ ئېلىپ، ئۇلارنى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە يېگەن»** — بۇ ۋەقە «1سام.» 7-1:21دە خاتىرىلەنگەن.

**4:12** مىس. 33:29؛ لاۋ. 9:24؛ 1سام. 6:21.

**5:12** چۆل. 9:28.

**6:12** 2تار. 18:6.

7:12 **«ئىزدەيدىغىنىم قۇربانلىقلار ئەمەس، بەلكى رەھىم-شەپقەت»** — «ھوش.» 6:6دىن ئېلىنغان سۆز (13:9نىمۇ كۆرۈڭ).

**7:12** ھوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 13:9؛ 23:23.

**8:12** مار. 28:2؛ لۇقا 5:6.

9:12 **«ئۇ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ سىناگوگىغا كىردى»** — «ئۇلار» بولسا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «پەرىسىيلەر»نى كۆرسەتكەن بولۇشى كېرەك.

**9:12** مار. 1:3؛ لۇقا 6:6.

شابات كۈنى كېسەل ساقايتىش تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ؟ ــ دەپ
سورىدى.
11 لېكىن ئۇ ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
بىرەرسىڭلارنىڭ قويى شابات كۈنى ئورىغا چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى
دەرھال تارتىپ چىقىرىۋالمايدىغان ئادەم بارمىدۇ؟ 12 ئىنسان بولسا
قويدىن شۇنچە ئەتىۋارلىقتۇر! شۇڭا، شابات كۈنى ياخشىلىق قىلىش
تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇندۇر. 13 ئاندىن ئۇ ھېلىقى كېسەلگە:
قولۇڭنى ئۇزات، ــ دېدى. ئۇ قولىنى ئۇزىتىشى بىلەنلا قولى ئىككىنچى
قولىغا ئوخشاش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.
14 بىراق پەرىسىيلەر تاشقىرىغا چىقىپ، ئۇنى قانداق يوقىتىش
ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشتى.

## خۇدا تاللىغان قۇل

15 ئەمما ئەيسا بۇنى بىلىۋېلىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. توپ-توپ كىشىلەر
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساقايتتى؛
16 ئاندىن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىقنى قاتتىق
تاپىلىدى. 17 بۇنىڭ بىلەن يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن
مۇنۇ سۆزلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى:

---

**10:12** لۇقا 3:14.

**11:12** مىس. 4:23؛ قان. 4:22.

**12:12** يار. 27:1.

13:12 **«ئۇ قولىنى ئۇزىتىشى بىلەنلا قولى ئىككىنچى قولىغا ئوخشاش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى»** ــ «ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى» دېگەن پېئىلنىڭ «مەجھۇل شەكلى» بولۇپ، بىزگە بۇ ئىشنى خۇدا ئۆزى قىلغان، دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ. ئەمدى ئۇلار بۇ مۆجىزە «شابات كۈنىدە يارىتىلغانلىقى» ئۈچۈن زادى كىمنى ئەيىبلىمەكچى؟

**14:12** مار. 3:6؛ يۇھ. 5:18؛ 10:39؛ 11:53.

**15:12** مات. 10:23.

**16:12** مات. 9:30؛ لۇقا 5:14.

18 ــ «قاراڭلار، مانا مەن تاللىغان ئۆز قۇلۇم!
مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم، دىلىمنىڭ سۆيۈنگىنى!
مەن ئۆز روھىمنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قوندۇرىمەن،
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەللەرگە ھۆكۈم-ھەقىقەتنى جاكارلايدۇ.
19 ئۇ نە تالاش-تارتىش قىلمايدۇ نە چۇقان كۆتۈرمەيدۇ،
كوچىلاردا ئۇنىڭ كۆتۈرگەن ئاۋازىنى ھېچ ئاڭلىغۇچى بولمايدۇ.
20 تاكى ئۇ غەلىبە بىلەن توغرا ھۆكۈملەرنى چىقارغۇچە،
يانجىلغان قومۇشنى سۇندۇرمايدۇ،
تۈتەپ ئۆچەي دەپ قالغان پىلىكنى ئۆچۈرمەيدۇ؛
21 ۋە ئەللەر ئۇنىڭ نامىغا ئۈمىد باغلايدۇ».

## مۇقەددەس روھقا كۇپۇرلۇق قىلىش

مار. 20:3-30؛ لۇقا 14:11-23؛ 10:12

22 شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىغا جىن چاپلىشىۋالغان كور ۋە گاچا بىرى
ئېلىپ كېلىندى. ئۇ ئۇنى ساقايتتى، كور گاچىنى سۆزلىيەلەيدىغان

---

18:12 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەللەرگە ھۆكۈم-ھەقىقەتنى جاكارلايدۇ»** ــ «يەش.» 42-بابتىكى ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ.
—«ئەللەر» بولسا مۇشۇ يەردە «يات ئەللەر»، يەنى يەھۇدىي ئەمەسلەر، جاھاندىكى بارلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.
—«ھۆكۈم-ھەقىقەت» دېگەننىڭ مەنىسى توغرۇلۇق: ــ بۇ سۆز ئىبرانىي تىلىدا (تەۋراتتىكى ئەينى بېشارەتتە) «مىشپات» دېيىلىدۇ، ئۇ تۆت جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى خۇدانىڭ «ھەققانىي قۇلى»نىڭ: ــ
—(1) خۇدانىڭ بۇتلار توغرۇلۇق ھۆكۈمى، يەنى «خۇدا دېگەن تىرىك ھەم بىردۇر، بۇتلار يوقتىن بولغان نەرسە» دېگەن ھەقىقەتنى ئېلىپ كېلىشىنى (ھەقىقەتسىزلەر ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ).
—(2) خۇدانىڭ ئادىل قانۇن-پەرمانلىرىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، چۈشەندۈرۈپ بېرىشىنى؛
—(3) ھەرخىل خاتا ئۇقۇملارنى ۋە كۆزقاراشلارنى تۈزىتىپ توغرا كۆزقاراشلارنى يەتكۈزۈشىنى؛
—(4) ئادالەتسىزلىكنى تۈزىتىپ، ئۇۋال بولغانلارغا ئادالەتنى يەتكۈزۈشىنى كۆرسىتىدۇ.
**18:12** يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1.
20:12 **«تاكى ئۇ غەلىبە بىلەن توغرا ھۆكۈملەرنى چىقارغۇچە...»** ــ «ھۆكۈم-ھەقىقەت» دېگەننىڭ مەنىسى توغرۇلۇق يۇقىرىقى 19-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
**21:12** يەش. 1:42-4.

**ۋە كۆرەلەيدىغان قىلدى. 23 بارلىق خالايىق ھەيران بولۇشۇپ:**
**ئەجەبا، بۇ داۋۇتنىڭ ئوغلىمىدۇ؟ ــ دېيىشتى.**
**24 لېكىن پەرىسىيلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:**
**ئۇ پەقەت جىنلارنىڭ ئەمىرى بولغان بەئەلزىبۇبقا تايىنىپ جىنلارنى**
**قوغلىۋېتىدىكەن، دېيىشتى.**
**25 لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۇلارغا مۇنداق**
**دېدى:**
**ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ ئۆزئارا سوقۇشقان ھەرقانداق پادىشاھلىق ۋەيران**
**بولىدۇ؛ ھەرقانداق شەھەر ياكى ئائىلە ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ ئۆزئارا**
**سوقۇشسا زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. 26 ئەگەر شەيتان شەيتاننى قوغلىسا،**
**ئۇ ئۆز-ئۆزىگە قارشى چىققان بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى**
**قانداقمۇ پۇت تىرەپ تۇرالىسۇن؟ 27 ئەگەر مەن جىنلارنى بەئەلزىبۇلغا**
**تايىنىپ قوغلىسام، سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلار كىمگە تايىنىپ**
**جىنلارنى قوغلايدۇ؟! شۇڭا ئۇلار سىلەر توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارسۇن!**
**28 لېكىن مەن خۇدانىڭ روھىغا تايىنىپ جىنلارنى قوغلىغان بولسام،**

---

**22:12** مات. 32:9؛ لۇقا 14:11.

**23:12** يۇھ. 29:4.

**24:12** مات. 34:9؛ مار. 22:3؛ لۇقا 15:11.

27:12 **«ئەگەر مەن جىنلارنى بەئەلزىبۇلغا تايىنىپ قوغلىسام، سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلار كىمگە تايىنىپ جىنلارنى قوغلايدۇ؟! شۇڭا ئۇلار سىلەر توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارسۇن!»**
ــ بۇ سۆزنىڭ ئىككى شەرھى بار: ــ
—(1) «سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلار» ــ بۇ پەرىسىيلەرنىڭ ئۆز تالىپ-ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا پەرىسىيلەر ۋە ئەگەشكۈچىلىرى جىنلارنى ھېچ ھەيدىيەلمەيتتى. ئۇنداقتا شەيتاننىڭ پادىشاھلىقىغا ھەقىقي ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئەيسا ۋە مۇرىتلىرىمۇ، ياكى پەرىسىيلەرمۇ؟ پەرىسىيلەرنىڭ خۇدانىڭ ئەمەس، بەلكى شەيتاننىڭ تەرىپىدە تۇرغانلىقى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ جىننى ھەيدەشكە كۈچسىز بولغانلىقىغا ئىسپات بېرەتتى.
—(2) «سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلار» ــ بۇ ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى (ئىسرائىللارنىڭ پەرزەنتلىرىنى) كۆرسىتىدۇ. پەقەت ئەيسالا ئەمەس، ئۇلارمۇ جىنلارنى ھەيدىيەلەيدىغان بولغان؛ شۇڭا ئۇلارمۇ ئەيسانىڭ خۇدانىڭ كۈچى بىلەن جىن-شەيتانلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقانلىقىغا ئىسپات بېرەتتى.
—بىزنىڭچە (1)-كۆزقاراش توغرا. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

ئۈنداقتا خۇدانىڭ پادىشاھلىقى دەرۋەقە ئۈستۈڭلارغا چۈشۈپ نامايان
بولدى.
[29] بىر كىشى كۈچتۈڭگۈر بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ مال-
مۈلكىنى قانداق بۇلاپ كېتەلىسۇن؟ پەقەت ئۇ شۇ كۈچتۈڭگۈرنى
ئاۋۋال باغلىيالىسا، ئاندىن ئۆيىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلالايدۇ.
[30] مەن تەرەپتە تۇرمىغانلار ماڭا قارشى تۇرغۇچىدۇر. مەن تەرەپكە
ئادەملەرنى يىغمىغۇچىلار بولسا تۇزۇتۇۋەتكۈچىدۇر.
[31] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئىنسانلارنىڭ
ئۆتكۈزگەن ھەرتۈرلۈك گۇناھلىرى ۋە قىلغان كۇپۇرلۇقلىرىنىڭ
ھەممىسىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس
روھقا كۇپۇرلۇق قىلىش ھېچ كەچۈرۈلمەيدۇ. [32] ئىنسانئوغلىغا
قارشى سۆز قىلغان كىمدەكىم بولسا كەچۈرۈمگە ئېرىشەلەيدۇ؛
لېكىن مۇقەددەس روھقا قارشى گەپ قىلغانلار بولسا بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ
دۇنيادىمۇ كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## ئادەمنى ئەمەللىرىدىن تونۇش

لۇقا 6:43-45

[33] دەرەخ ياخشى بولسا، مېۋىسىمۇ ياخشى بولىدۇ ـ ياكى دەرەخ
پور بولسا، مېۋىسىمۇ ناچار بولىدۇ؛ چۈنكى ھەرقانداق دەرەخ ئۆز
مېۋىسىدىن بىلىنىدۇ.

---

12:29 **«بىر كىشى كۈچتۈڭگۈر بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى قانداق بۇلاپ كېتەلىسۇن؟...»** ــ بۇ تەمسىلدىكى «كۈچتۈڭگۈر ئادەم» شەيتاننى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۆيىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچى ئەيسادىن باشقا ھېچكىم بولمايدۇ.

**12:31** مار. 3:28؛ لۇقا 12:10؛ 1يۇھ. 5:16.

12:32 **«مۇقەددەس روھقا قارشى گەپ قىلغانلار بولسا بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ»** ــ «مۇقەددەس روھقا قارشى گەپ قىلىش» ياكى «مۇقەددەس روھقا كۇپۇرلۇق قىلىش» دېگەن گۇناھ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**12:32** چۆل. 15:30؛ 1سام. 2:25؛ 1يۇھ. 5:16.

**12:33** مات. 7:18.

[34] ئەي يىلانلارنىڭ پەرزەنتلىرى! سىلەر رەزىل تۇرساڭلار، ئاغزىڭلاردىن
قانداقمۇ ياخشى سۆز چىقسۇن؟ چۈنكى ئادەمنىڭ قەلبىدە نېمە
تولۇپ تاشقان بولسا ئېغىزدىن شۇ چىقىدۇ. [35] ياخشى ئادەم ئۆز
ياخشى خەزىنىسىدىن ياخشى نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ. يامان ئادەم
يامان خەزىنىسىدىن يامان نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ. [36] مەن سىلەرگە
شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئىنسانلار قىلغان ھەربىر ئېغىز قۇرۇق سۆزى
ئۈچۈن سوراق كۈنى ھېساب بېرىدۇ. [37] چۈنكى ئۆز سۆزلىرىڭ بىلەن
يا ھەققانىي ئىسپاتلىنىسەن، يا سۆزلىرىڭلار بىلەن گۇناھكار دەپ
بېكىتىلىسەن.

## مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسىتىش تەلىپى

مار. 8:11-12؛ لۇقا 11:29-32

[38] شۇ چاغدا بەزى تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن:
ئۇستاز، سەندىن بىر مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرگۈمىز بار، ــ دېدى.
[39] لېكىن ئۇ ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
رەزىل ھەم زىناخور بۇ دەۋر بىر «ئالامەت»نىڭ كۆرسىتىلىشىنى
ئىستەپ يۈرىدۇ. بىراق بۇ دەۋردىكىلەرگە «يۈنۈس پەيغەمبەردە
كۆرۈلگەن مۆجىزىلىك ئالامەت»تىن باشقا ھېچقانداق مۆجىزىلىك
ئالامەت كۆرسىتىلمەيدۇ. [40] چۈنكى يۈنۈس پەيغەمبەر يوغان
بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ياتقاندەك، ئىنسانئوغلىمۇ
ئوخشاشلا ئۈچ كېچە-كۈندۈز يەرنىڭ باغرىدا ياتىدۇ. [41] سوراق

**34:12** زەب. 9:40-10؛ مات. 7:3؛ لۇقا 6:45.

**36:12** توپ. 12:14؛ ئەف. 4:5.

**37:12** 2سام. 1:16؛ لۇقا 22:19.

38:12 **«ئۇستاز، سەندىن بىر مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرگۈمىز بار»** ــ پەرىسىيلەر ئەيسادىن تەلەپ قىلغان «ئالامەت» بولسا ئۆزىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر مۆزىزىلىك ئالامەت، ئەلۋەتتە.

**38:12** مات. 1:16؛ مار. 8:11؛ لۇقا 11:29؛ 1كور. 1:22.

**40:12** يۈن. 1:2، 11

كۈنى نىنەۋە شەھىرىدىكىلەر بۇ دەۋردىكىلەر بىلەن تەڭ قوپۇپ،
بۇ دەۋردىكىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى بېكىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار يۇنۇس
پەيغەمبەر جاكارلىغان خەۋەرنى ئاڭلاپ، يامانلىقىدىن توۋا قىلغان؛
ۋە مانا، مۇشۇ يەردە يۇنۇس پەيغەمبەردىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى تۇرىدۇ!
[42] سوراق كۈنى «جەنۇبتىكى ئايال پادىشاھ»مۇ بۇ دەۋردىكىلەر
بىلەن تەڭ تىرىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بېكىتىدۇ. چۈنكى ئۇ
سۇلايماننىڭ دانا سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يەر يۈزىنىڭ چېتىدىن
كەلگەن؛ ۋە مانا، ھازىر مۇشۇ يەردە سۇلايماندىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى
تۇرىدۇ.

## ناپاك روھنىڭ قايتىپ كېلىشى

لۇقا 11:24-26

[43] ناپاك روھ بىراۋنىڭ تېنىدىن چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ
قۇرغاق دالالارنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ، بىرەر ئارامگاھنى ئىزدەيدۇ، بىراق
تاپالمايدۇ [44] ۋە: «مەن چىققان ماكانىمغا قايتاي» دەيدۇ. شۇنىڭ

---

41:12 **«مانا، مۇشۇ يەردە يۇنۇس پەيغەمبەر دىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى تۇرىدۇ!»** — بۇ 39-41-ئايەتلەردە ئەيسا يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ يوغان بىر بېلىقنىڭ ئىچىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ تىرىك چىققانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈپ، ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتقان. تەۋرات، «يۇنۇس» 1-2-بابلارنى ۋە شۇ كىتابتىكى «يۇنۇس پەيغەمبەردە كۆرۈلگەن مۆجىزىلىك ئالامەت» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ ھەم ئۇشبۇ كىتابتىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. «بۇ دەۋردىكىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى بېكىتىدۇ» — دېمەك، «بۇتپەرەس نىنەۋەلىكلەر يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاپ، يامان يولدىن قايتقان. بىراق بۇ يەردە يۇنۇس پەيغەمبەردىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى بولغان مەسىھ سىلەرنى يامان يولدىن قايتىشقا چاقىرسا، قۇلاق سالمىدىڭلار».

**41:12** يون. 3:5؛ لۇقا 11:32.

42:12 **«جەنۇبتىكى ئايال پادىشاھ»** — يەنى «شەبانىڭ ئايال پادىشاھى». «شەبا» جەنۇبىي ئەرەبىستان ياكى ئېفىئوپىيەنى كۆرسىتىدۇ. «1پاد.» 10:1-10نى كۆرۈڭ.

**42:12** 1پاد. 10:1؛ 2تار. 9:1؛ لۇقا 11:31.

43:12 **«ناپاك روھ»** — جىننى كۆرسىتىدۇ.

**43:12** لۇقا 11:24؛ ھوش. 4:12

بىلەن قايتىپ كېلىپ، شۇ ماكانىنىڭ يەنىلا بوش تۇرغانلىقىنى، شۇنداقلا پاكىز تازىلانغانلىقىنى ۋە رەتلەنگەنلىكىنى بايقايدۇ-دە،
[45] بېرىپ ئۆزىدىنمۇ بەتتەر يەتتە جىنىنى باشلاپ كېلىدۇ؛ ئۇلار كىرىپ بىللە تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ كېيىنكى ھالى بۇرۇنقىدىنمۇ تېخىمۇ يامان بولىدۇ. بۇ رەزىل دەۋردىكىلەرنىڭ ھالىمۇ مانا شۇنداق بولىدۇ.

## مېنىڭ ئانام ۋە ئىنىلىرىم كىم؟

مار. 3:31-35؛ لۇقا 8:19-21

[46] ئۇ توپلاشقان خالايىققا داۋاملىق سۆزلەۋاتقاندا، مانا، ئانىسى بىلەن ئىنىلىرى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ تاشقىرىدا
تۇرۇشتى. [47] شۇنىڭ بىلەن بىرەيلەن ئۇنىڭغا:
ئانىڭىز ۋە ئىنىلىرىڭىز سىز بىلەن سۆزلىشىمىز دەپ تاشقىرىدا تۇرىدۇ، ــ دېدى.
[48] لېكىن ئۇ جاۋابەن شۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن كىشىدىن: «كىم مېنىڭ
ئانام، كىم مېنىڭ ئىنىلىرىم؟» ــ دەپ سورىدى. [49] ئاندىن ئۇ قولىنى
سوزۇپ مۇخلىسلىرىنى كۆرسىتىپ:
مانا مېنىڭ ئانام، مانا مېنىڭ ئىنىلىرىم! [50] چۈنكى كىم ئەرشتىكى ئاتامنىڭ ئىرادىسىنى ئادا قىلسا، شۇ مېنىڭ ئاكا-ئىنىم، ئاچا-سىڭلىم ۋە ئانامدۇر، ــ دېدى.

---

45:12 **«بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ كېيىنكى ھالى بۇرۇنقىدىنمۇ تېخىمۇ يامان بولىدۇ. بۇ رەزىل دەۋردىكىلەرنىڭ ھالىمۇ مانا شۇنداق بولىدۇ»** ــ بۇ تەمسىل: (1) جىن چاپلىشىشتىن قۇتقۇزۇلغان ئادەمنىڭ ھەقىقىي بىر خەتىرىنى؛ (2) يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**45:12** ئىبر. 4:6، 5؛ 26:10؛ 2پېت. 20:2.

**46:12** مار. 31:3؛ لۇقا 20:8.

**50:12** يـۇھ. 14:15؛ 2كور. 16:5؛ گال. 6:5؛ 15:6؛ كول. 11:3.

## ئەرش پادىشاھلىقى توغرىسىدىكى يەتتە تەمسىل
## «1» ئۇرۇق چاچقۇچى توغرىسىدىكى تەمسىل

مار. 4:1-9؛ لۇقا 8:4-8

13
1 شۇ كۈنى ئەيسا ئۆيدىن چىقىپ، دېڭىز بويىدا ئولتۇراتتى.
2 ئەتراپىغا توپ-توپ ئادەملەر ئولىشىۋالغاچقا، ئۇ بىر كېمىگە
چىقىپ ئولتۇردى. پۈتكۈل خالايىق بولسا دېڭىز بويىدا تۇرۇشاتتى.
3 ئۇ ئۇلارغا تەمسىللەر بىلەن نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى ئېيتىپ بېرىپ،
مۇنداق دېدى:
مانا، ئۇرۇق چاچقۇچى ئۇرۇق چاچقىلى ئېتىزغا چىقىپتۇ. 4 ئۇرۇق
چاچقاندا ئۇرۇقلاردىن بەزىلىرى چىغىر يول ئۈستىگە چۈشۈپتۇ،
قۇشلار كېلىپ ئۇلارنى يەپ كېتىپتۇ.
5 بەزىلىرى تېشى كۆپ، تۇپىسى ئاز يەرلەرگە چۈشۈپتۇ. تۇپرىقى چوڭقۇر
بولمىغاچقا، تېزلا ئۈنۈپ چىقىپتۇ، 6 لېكىن كۈن چىقىشى بىلەنلا
ئاپتاپتا كۆيۈپ، يىلتىزى بولمىغاچقا قۇرۇپ كېتىپتۇ. 7 بەزىلىرى
تىكەنلەرنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپتۇ، تىكەنلەر ئۆسۈپ مايسىلارنى
بوغۇۋاپتۇ. 8 بەزىلىرى بولسا ياخشى تۇپراققا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ
بەزىلىرى يۈز ھەسسە، بەزىلىرى ئاتمىش ھەسسە، يەنە بەزىلىرى
ئوتتۇز ھەسسە ھوسۇل بېرىپتۇ. 9 قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن!

## تەمسىللەرنىڭ مەقسىتى

مار. 4:10-12؛ لۇقا 8:9-10

10 مۇخلىسلىرى كېلىپ، ئۇنىڭدىن:
سەن نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا تەمسىللەر ئارقىلىق تەلىم بېرىسەن؟ ــ دەپ
سورىدى.

---

**1:13** مار. 4:1؛ لۇقا 8:4، 5.

**2:13** لۇقا 3:5.

**10:13** مار. 4:10؛ لۇقا 8:9.

11 ئۇ ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
سىلەر ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە مۇيەسسەر
قىلىندىڭلار، لېكىن ئۇلارغا نېسىپ قىلىنمىدى. 12 چۈنكى كىمدە بار
بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدا مولچىلىق بولىدۇ؛
ئەمما كىمدە يوق بولسا، ھەتتا ئۇنىڭدا بار بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن
مەھرۇم قىلىنىدۇ.
13 ئۇلارغا تەمسىل بىلەن سۆزلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار
قارىسىمۇ كۆرمەيدۇ، ئاڭلىسىمۇ تىڭشىمايدۇ ھەم ھەقىقىي
چۈشەنمەيدۇ. 14 بۇنىڭ بىلەن يەشايا پەيغەمبەر ئېيتقان بېشارەتتىكى
مۇنۇ سۆزلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى:

«سىلەر ئاڭلاشنى ئاڭلايسىلەر، بىراق چۈشەنمەيسىلەر؛
قاراشنى قارايسىلەر، بىراق كۆرمەيسىلەر.
15 چۈنكى مۇشۇ خەلقنىڭ يۈرىكىنى ماي قاپلاپ كەتكەن،
ئۇلار ئاڭلىغاندا قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلىۋالغان،
ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇخلىغاندەك يۇمۇۋالغان؛
ئۇنداق بولمىسىدى، ئۇلار كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ،
قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ،
كۆڭلى بىلەن چۈشىنىپ،

11:13 **«ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ سىرلىرى»** ــ ئىنجىلدا «سىرلار» ئەسلىدە ئىنسانلارغا ئاشكارىلانمىغان، ھازىر مەسىھ ياكى روسۇللىرى ئارقىلىق ئايان قىلىنغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنجىلدىكى بەزى «سىرلار» ئىنتايىن سىرلىق، ئەلۋەتتە.

**11:13** مات. 25:11؛ 2كور. 14:3.

12:13 **«چۈنكى كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ...»** ــ «كىمدە بار بولسا... » دېگەندە، «بار بولسا» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئەبەدىي ئەھمىيەتلىك بىرەر نەرسە بولسا كېرەك، بۇ ئىمان-ئىشەنچنى ئۆز ئىچىگە چوقۇم ئالىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە «ئەبەدىي ئەھمىيەتلىك» ھەربىرنېمە بولۇشى ئۈچۈن پەقەت مەسىھتىنلا تاپالايمىز، ئەلۋەتتە.

**12:13** مات. 29:25؛ مار. 24:4، 25؛ لۇقا 18:8؛ 26:19.

**14:13** يەش. 9:6-10؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ يـۇھ. 40:12؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11.

ئۆز يولىدىن ياندۇرۇلۇشى بىلەن،
مەن ئۇلارنى ساقايتقان بولاتتىم.

[16] لېكىن، كۆزلىرىڭلار بەختلىكتۇر! چۈنكى ئۇلار كۆرىدۇ؛ قۇلىقىڭلار
بەختلىكتۇر! چۈنكى ئۇلار ئاڭلايدۇ. [17] مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق
ئېيتىپ قويايكى، بۇرۇنقى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ۋە ھەققانىي ئادەملەر
سىلەرنىڭ كۆرگىنىڭلارنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان بولسىمۇ ئۇلارنى
كۆرمىگەن؛ سىلەرنىڭ ئاڭلىغىنىڭلارنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولغان
بولسىمۇ ئۇلارنى ئاڭلىمىغان.

## ئۇرۇق چاچقۇچى توغرىسىدىكى تەمسىلنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

**مار. 4:13-20؛ لۇقا 8:11-15**

[18] ئەمدى ئۇرۇق چاچقۇچى توغرىسىدىكى تەمسىلنىڭ مەنىسىنى ئا
ڭلاڭلار: [19] ئەگەر بىرى ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلاپ
تۇرۇپ چۈشەنمىسە، شەيتان كېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە چېچىلغان
سۆزنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ دەل چىغىر يول ئۈستىگە چېچىلغان ئۇ
رۇقلاردۇر. [20] تاشلىق يەرلەرگە چېچىلغان ئۇرۇقلار بولسا، ئۇلار
سۆز-كالامنى ئاڭلاپ، خۇشاللىق بىلەن دەرھال قوبۇل قىلغانلارنى

---

15:13 **«مۇشۇ خەلقنىڭ يۈرىكىنى ماي قاپلاپ كەتكەن... ئۇنداق بولمىسىدى، ... كۆڭلى بىلەن چۈشىنىپ، ئۆز يولىدىن ياندۇرۇلۇشى بىلەن، مەن ئۇلارنى ساقايتقان بولاتتىم»** — تولۇق بېشارەت تەۋرات، «يەش.» 6:9-10دە تېپىلىدۇ.

**15:13** يەش. 6:9-10

**16:13** لۇقا 10:23؛ يۇھ. 20:29؛ 1پېت. 1:8.

**17:13** 1پېت. 1:10.

**18:13** مار. 4:13؛ لۇقا 8:11.

19:13 **«ئەگەر بىرى ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ چۈشەنمىسە..»** — مۇشۇ يەردە «ئەرش پادىشاھلىقى» گرېك تىلىدا پەقەت «پادىشاھلىق» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**19:13** مات. 4:23.

كۆرسىتىدۇ. [21]ھالبۇكى، قەلبىدە ھېچ يىلتىز بولمىغاچقا، پەقەت ۋاقىتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ سۆز-كالامنىڭ ۋەجىدىن قىيىنچىلىق ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، ئۇلار شۇئان يولدىن چەتنەپ كېتىدۇ. [22]تىكەنلەرنىڭ ئارىسىغا چېچىلغىنى شۇنداق ئادەملەرنى كۆرسەتكەنكى، ئۇلار سۆز-كالامنى ئاڭلىغىنى بىلەن، لېكىن بۇ دۇنيانىڭ ئەندىشىلىرى ۋە بايلىقنىڭ ئېزىقتۇرۇشى قەلبىدىكى سۆز-كالامنى بوغۇۋېتىدۇ-دە، ئۇلار ھوسۇلسىز قالىدۇ. [23]لېكىن ياخشى يەرگە چېچىلغان ئۇرۇقلار بولسا ــ سۆز-كالامنى ئاڭلاپ چۈشەنگەن ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھوسۇل بېرىدۇ، بىرسى يۈز ھەسسە، بىرسى ئاتمىش ھەسسە، يەنە بىرسى ئوتتۇز ھەسسە ھوسۇل بېرىدۇ.

## «2» كۈرمەك، يەنى «مەستەك» توغرىسىدىكى تەمسىل

[24]ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە بىر تەمسىلنى بايان قىلدى: ــ
ئەرش پادىشاھلىقى خۇددى ئېتىزىغا ياخشى ئۇرۇقنى چاچقان بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. [25]ئەمما كىشىلەر ئۇيقۇغا چۆمگەن چاغدا، دۈشمىنى كېلىپ بۇغداي ئارىسىغا كۈرمەك ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋېتىپ، كېتىپتۇ. [26]ئەمدى مايسىلار ئۆسۈپ، باشاق چىقارغاندا، كۈرمەكمۇ ئاشكارلىنىشقا باشلاپتۇ.
[27]خوجايىنىنىڭ چاكارلىرى كېلىپ ئۇنىڭغا:
«ئەپەندى، سىز ئېتىزىڭىزغا ياخشى ئۇرۇق چاچقان ئەمەسمىدىڭىز؟ كۈرمەكلەر نەدىن كېلىپ قالدى؟» دەپتۇ.

---

20:13 **«تاشلىق يەرلەرگە چېچىلغان ئۇرۇقلار بولسا، ئۇلار سۆز-كالامنى ئاڭلاپ، خۇشاللىق بىلەن دەرھال قوبۇل قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ»** ــ «سۆز-كالام» بولسا خۇدانىڭ پادىشاھلىقى توغرۇلۇق سۆز-كالامدۇر.

**22:13** مات. 23:19؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18؛ 1تىم. 9:6.

25:13 **«...دۈشمىنى كېلىپ بۇغداي ئارىسىغا كۈرمەك ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋېتىپ، كېتىپتۇ»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە شۇ ئايانكى، بۇ تەمسىلدىكى «كۈرمەك» (ياكى «مەستەك») ئاۋۋال بۇغدايغا ئوپئوخشاش شەكىلدە ئۆسىدۇ. پەقەت باش ئېلىشى بىلەن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

[28] خوجايىن: «بۇنى بىر دۈشمەن قىلغان» ــ دەپتۇ.
چاكارلار ئۇنىڭدىن: «سىز بىزنى بېرىپ ئۇلارنى ئوتىۋېتىڭلار دېمەكچىمۇ؟» ــ دەپ سوراپتۇ.
[29] «ياق،» ــ دەپتۇ خوجايىن، «ئۇنداق قىلغاندا كۈرمەكلەرنى يۇلغاندا،
بۇغدايلارنىمۇ يۇلۇۋېتىشىڭلار مۇمكىن. [30] بۇ ئىككىسى ئورما
ۋاقتىغىچە بىللە ئۆسسۇن، ئورما ۋاقتىدا، مەن ئورمىچىلارغا: ــ ئالدى
بىلەن كۈرمەكلەرنى ئايرىپ يىغىپ، باغلاپ كۆيدۈرۈشكە قويۇڭلار،
ئاندىن بۇغدايلارنى يىغىپ ئامبىرىمغا ئەكىرىڭلار، دەيمەن» ــ دەپتۇ
خوجايىن.

## «3» قىچا توغرىسىدىكى
## ۋە «4» ئېچىتقۇ توغرىسىدىكى تەمسىللەر

**مار. 4:30-34؛ لۇقا 13:18-21**

[31] ئۇ ئۇلارغا يەنە بىر تەمسىلنى ئېيتتى:
ئەرش پادىشاھلىقى خۇددى بىر ئادەم قولىغا ئېلىپ ئېتىزىغا چاچقان
قىچا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. [32] قىچا ئۇرۇقى دەرۋەقە بارلىق ئۇرۇقلارنىڭ
ئىچىدە ئەڭ كىچىك بولسىمۇ، ئۇ ھەرقانداق زىرائەتتىن ئېگىز
ئۆسۈپ، دەرەخ بولىدۇ، ھەتتا ئاسماندىكى قۇشلارمۇ كېلىپ ئۇنىڭ
شاخلىرىدا ئۇۋۇلايدۇ.
[33] ئۇ ئۇلارغا يەنە بىر تەمسىلنى ئېيتتى:
ئەرش پادىشاھلىقى خۇددى بىر ئايال قولىغا ئېلىپ ئۈچ جاۋۇر
ئۇننىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ، تاكى پۈتۈن خېمىر بولغۇچە ساقلىغان

---

**30:13** مات. 12:3.

**31:13** مار. 30:4؛ لۇقا 18:13.

32:13 **«قىچا ئۇرۇقى دەرۋەقە بارلىق ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىك بولسىمۇ، ئۇ ھەرقانداق زىرائەتتىن ئېگىز ئۆسۈپ، دەرەخ بولىدۇ، ...»** ــ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قىچا» ئوتتۇرا شەرقتە ئۆسىدىغان، ياخشى ئۆسكەندە ھەتتا ئۈچ مېتىردىن ئېشىپ كېتىدىغان ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ.

ئېچىتقۇغا ئوخشايدۇ.
34 ئەيسا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەمسىللەر بىلەن كۆپچىلىككە
بايان قىلدى. ئۇ تەمسىلسىز ھېچقانداق تەلىم بەرمەيتتى. 35 بۇنىڭ
بىلەن پەيغەمبەر ئارقىلىق ئالدىنئالا ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزلەر
ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى:

«ئاغزىمنى تەمسىل سۆزلەش بىلەن ئاچىمەن،
ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى يوشۇرۇنۇپ كەلگەن ئىشلارنى ئېلان
قىلىمەن».

## كۇرمەك توغرىسىدىكى تەمسىلنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

36 شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كۆپچىلىكنى يولغا سېلىۋېتىپ ئۆيگە
كىردى. مۇخلىسلىرى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن:
ئېتىزلىقتىكى كۇرمەك توغرىسىدىكى تەمسىلنى بىزگە شەرھلەپ
بەرسەڭ، ــ دەپ ئۆتۈندى.
37 ئۇ ئەمدى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

---

33:13 **«ئەرش پادىشاھلىقى خۇددى بىر ئايال قولىغا ئېلىپ ئۈچ جاۋۇر ئۇنىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ، تاكى پۈتۈن خېمىر بولغۇچە ساقلىغان ئېچىتقۇغا ئوخشايدۇ»** ــ «ئۈچ جاۋۇر» (ياكى «ئۈچ كۈرە») ــ گرېك تىلىدا «ئۈچ ساتون (سېئاھ)». بىر سېئاھ 7 كىلوگرام. بۇ خېلى كۆپ ئۇن بولۇپ، يۈز ئادەمنىڭ تاماقىغا يېتەتتى. «يار.» 6:18نى كۆرۈڭ.

**33:13** لۇقا 20:13، 21؛ يار. 6:18؛ چۆل. 8-9:15

**34:13** مار. 33:4.

35:13 **«بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئارقىلىق ئالدىنئالا ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى...»** ــ قايسى پەيغەمبەر ئىكەنلىكى مۇشۇ يەردە ئېيتىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ زەبۇردىكى بىرنەچچە كۈيلەرنىڭ مۇئەللىپى ئاساف ئىدى. **«ئاغزىمنى تەمسىل سۆزلەش بىلەن ئاچىمەن، ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى يوشۇرۇنۇپ كەلگەن ئىشلارنى ئېلان قىلىمەن»** ــ «زەب.» 2:78.

**35:13** زەب. 2:78

36:13 **«شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كۆپچىلىكنى يولغا سېلىۋېتىپ...»** ــ ياكى «شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ...».

ياخشى ئۇرۇقنى چاچقان كىشى ئىنسانئوغلىدۇر. [38]ئېتىزلىق بولسا ـ دۇنيا. ياخشى ئۇرۇق بولسا ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر، لېكىن كۈرمەك رەزىل بولغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. [39]كۈرمەك چاچقان دۈشمەن ـ ئىبلىستۇر. ئورما ئوروش ۋاقتى ـ زامان ئاخىرىدۇر. ئورمىچىلار ـ پەرىشتىلەردۇر. [40]كۈرمەكلەر يۇلۇنۇپ، ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىلگىنىدەك، زامان ئاخىرىدىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ. [41]ئىنسانئوغلى پەرىشتىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلار ئىنسانلارنى گۇناھقا ئازدۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى، شۇنداقلا بارلىق ئىتائەتسىزلىك قىلغۇچىلارنى ئۆز پادىشاھلىقىدىن شاللاپ چىقىپ، [42]خۇمدانىنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتىغا تاشلايدۇ. ئۇ يەردە يىغا-زارلار كۆتۈرۈلىدۇ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. [43]ئۇ چاغدا ھەققانىيلار ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىقىدا خۇددى قۇياشتەك جۇلالىنىدۇ.
ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن!

## «5» خەزىنە توغرىسىدىكى
## ۋە «6» قىممەتلىك مەرۋايىت توغرىسىدىكى تەمسىللەر

[44]ــ ئەرش پادىشاھلىقى خۇددى ئېتىزدا يوشۇرۇلغان بىر خەزىنىگە ئوخشايدۇ. ئۇنى تېپىۋالغۇچى خەزىنىنى قايتىدىن يوشۇرۇپ، خەزىنىنىڭ شاد-خۇراملىقى ئىچىدە بار-يوقىنى سېتىۋېتىپ، شۇ ئېتىزنى سېتىۋالىدۇ.
[45]يەنە كېلىپ، ئەرش پادىشاھلىقى ئېسىل ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى ئىزدىگەن سودىگەرگە ئوخشايدۇ. [46]سودىگەر ناھايىتى قىممەت

**39:13** يو. 13:3؛ ۋەھ. 15:14.
**42:13** مات. 12:8؛ 13:22؛ 51:24؛ 30:25؛ لۇقا 28:13.
**43:13** دان. 3:12؛ 1كور. 42:15.
**44:13** فىل. 7:3.
45:13 **«ئېسىل ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى ئىزدىگەن سودىگەر...»** ــ گرېك تىلىدىكى «ئېسىل» «گۈزەل» دېگەن مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باھالىق بىر مەرۋايىتنى تاپقاندا، قايتىپ بېرىپ بار-يوقىنى سېتىۋېتىپ، ئۇ مەرۋايىتنى سېتىۋالىدۇ.

## «7» تور تاشلاش توغرىسىدىكى تەمسىل

[47]ــ يەنە كېلىپ، ئەرش پادىشاھلىقى دېڭىزغا تاشلىنىپ ھەرخىل بېلىقلارنى تۇتىدىغان تورغا ئوخشايدۇ. [48]تور توشقاندا، بېلىقچىلار ئۇنى قىرغاققا تارتىپ چىقىرىدۇ. ئاندىن ئولتۇرۇپ، ياخشى بېلىقلارنى ئىلغۇېلىپ، قاچىلارغا قاچىلاپ، ئەرزىمەسلەرنى تاشلىۋېتىدۇ. [49]زامان ئاخىرىدا شۇنداق بولىدۇ. پەرىشتىلەر چىقىپ، رەزىل كىشىلەرنى ھەققانىي كىشىلەر ئارىسىدىن ئايرىيدۇ [50]ۋە خۇمداننىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتىغا تاشلايدۇ. ئۇ يەردە يىغا-زارلار كۆتۈرۈلىدۇ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ.

[51]ئەيسا ئۇلاردىن:

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندىڭلارمۇ؟ دەپ سورىدى.

چۈشەندۇق، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.

[52]ئاندىن ئۇ ئۇلارغا: ــ شۇڭا، ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ تەلىمىگە مۇيەسسەر بولۇپ مۇخلىس بولغان ھەربىر تەۋرات ئۇستازى خۇددى خەزىنىسىدىن يېڭى ھەم كونا نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ تارقاتقۇچى ئۆي خوجايىنىغا ئوخشايدۇ، ــ دېدى.

## ناسارەتلىكلەرنىڭ ئەيسانى چەتكە قېقىشى

مار. 6:1-6؛ لۇقا 16:4-30

[53]ئەيسا بۇ تەمسىللەرنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، شۇنداق بولدىكى، ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، [54]ئۆز يۇرتىغا كەتتى ۋە ئۆز يۇرتىدىكى سىناگوگتا خەلققە تەلىم بېرىشكە كىرىشتى. بۇنى ئاڭلىغان خالايىق ئىنتايىن ھەيران بولۇشۇپ:

---

50:13 مات. 42:13.

53:13 مار. 1:6؛ لۇقا 16:4.

بۇ ئادەمنىڭ بۇنچىۋالا دانالىقى ۋە مۆجىزە-كارامەتلىرى نەدىن كەل
گەندۇ؟ [55] ئۇ پەقەت ھېلىقى ياغاچچىنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ
ئانىسىنىڭ ئىسمى مەريەم، ياقۇپ، يۈسۈپ، سىمون ۋە يەھۇدالار ئۇنىڭ
ئىنىلىرى ئەمەسمۇ؟ [56] ئۇنىڭ سىڭىللىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ
ئارىمىزدىغۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدىكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى
زادى نەدىن كەلگەندۇ؟ — دېيىشەتتى. [57] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭغا
ھەسەت-بىزار بىلەن قارىدى. شۇڭا ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
ھەرقانداق پەيغەمبەر باشقا يەرلەردە ھۆرمەتسىز قالمايدۇ، پەقەت ئۆز
يۇرتى ۋە ئۆز ئۆيىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولمايدۇ.
[58] ئۇلارنىڭ ئىمان-ئىشەنچسىزلىكىدىن ئۇ ئۇ يەردە كۆپ مۆجىزە
كۆرسەتمىدى.

## چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

مار. 6:14-29؛ لۇقا 9:7-9

14 [1] ئۇ چاغلاردا، ھېرود ھاكىم ئەيسانىڭ نام-شۆھرىتىدىن
خەۋەر تېپىپ، [2] خىزمەتكارلىرىغا:

---

**54:13** مار. 6:2.

**55:13 «ئۇ پەقەت ھېلىقى ياغاچچىنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى مەريەم... ئەمەسمۇ؟»** — يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئادەملەر ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇلۇشى كېرەك ئىدى. يالغۇز ئانىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشىنىڭ ئۆزى بىرخىل ھاقارەت ئىدى.

**55:13** يۇھ. 6:42.

**57:13** مار. 6:4؛ لۇقا 4:24؛ يۇھ. 4:44.

**1:14 «ھېرود ھاكىم»** — «ھاكىم» گرېك تىلىدا «تېترارق» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز «زېمىنىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىدارە قىلغۇچى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. رىم ئىمپېرىيەسى پەلەستىننى تۆت قىسمغا بۆلگەن بولۇپ، ھەربىر قىسمىنىڭ «تېترارق»ى بار ئىدى.

—ھېرودنىڭ تولۇق ئىسمى «ھېرود ئانتىپاس» بولۇپ، بەزى يەرلەردە «ھېرود پادىشاھ» ياكى «ھېرود خان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ گالىلىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى «ھېرود ئارخېلائۇس» ئىدى (2:22).

— —«ھېرودلار» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**1:14** مار. 6:14؛ لۇقا 9:7.

**بۇ ئادەم چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا بولىدۇ، ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئالاھىدە قۇدرەتلەر ئۇنىڭدا كۈچىنى كۆرسەتمەكتە، ــ دېدى.**

**[3] ھېرودنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئۆگەي ئاكىسى فىلىپنىڭ ئايالى ھېرودىيەنىڭ ۋەجىدىن يەھيانى تۇتقۇن قىلىپ، زىندانغا تاشلىغانىدى. [4] چۈنكى يەھيا ھېرودقا تەنبىھ بېرىپ: «بۇ ئايالنى تارتىۋېلىشىڭ تەۋرات قانۇنىغا خىلاپتۇر» دەپ كەلگەنىدى.**

**[5] ھېرود شۇ سەۋەبتىن يەھيانى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق خالايىقتىن قورققانىدى، چۈنكى ئۇلار يەھيانى پەيغەمبەر، دەپ بىلەتتى.**

**[6] ئەمما ھېرودنىڭ تۇغۇلغان كۈنى تەبرىكلەنگەندە، ئايالى ھېرودىيەنىڭ قىزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇسسۇل ئويناپ بەردى. بۇ ھېرودقا بەك ياقتى؛ [7] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇنىڭغا: ــ ھەرنېمە تىلىسەڭ شۇنى ساڭا بېرەي، دەپ قەسەم قىلدى. [8] لېكىن قىز ئانىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن:**

---

3:14 **«ھېرود... ئۆگەي ئاكىسى فىلىپنىڭ ئايالى ھېرودىيەنىڭ ۋەجىدىن يەھيانى تۇتقۇن قىلىپ، زىندانغا تاشلىغانىدى»** ــ يەھيانى تۇتۇش «ھېرودىيەنىڭ ۋەجىدىن» ــ ھېرود بەلكىم ھېرودىيەنىڭ بىۋاستە تەلىپىدىن شۇنداق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.
—ھېرود ئۆگەي ئاكىسى فىلىپنىڭ ئايالى ھېرودىيەنى فىلىپتىن تارتىۋېلىپ ئاندىن ئۇنى ئاجرىشىشقا قايىل قىلىپ، ھېرودىيە بىلەن ئۆزى توي قىلغانىدى.

**3:14** مار. 6:17؛ لۇقا 3:19.

4:14 **«بۇ ئايالنى تارتىۋېلىشىڭ تەۋرات قانۇنىغا خىلاپتۇر»** ــ «لاۋ.» 18:16، 20:21دە، بىرسىنىڭ ئاكا ياكى ئۇكىسى ھايات ئەھۋالدا، بىرىنىڭ ئايالىنى يەنە بىرى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

**4:14** لاۋ. 16:18.

**5:14** مات. 26:21.

6:14 **«ئايالى ھېرودىيەنىڭ قىزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇسسۇل ئويناپ بەردى»** ــ «ھېرودىيەنىڭ قىزى» ــ ھېرودىيەنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان قىزى.

**6:14** يار. 40:20؛ مار. 6:21.

**7:14** ھاك. 11:30.

چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بىر تەخسىگە قويۇپ
ئەكەلسىلە، ــ دېدى. [9]پادىشاھ بۇنىڭغا ھەسرەت چەككەن بولسىمۇ،
قەسەملىرى تۈپەيلىدىن ۋە داستىخاندا ئولتۇرغانلار ۋەجىدىن،
كاللىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. [10]ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ، زىنداندا
يەھيانىڭ كاللىسىنى ئالدۇردى. [11]شۇنىڭ بىلەن كاللىسى بىر تەخسىگە
قويۇلۇپ، قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. قىز بۇنى ئانىسىنىڭ
ئالدىغا ئاپاردى. [12]يەھيانىڭ مۇخلىسلىرى بولسا بېرىپ، جەسەتنى
ئېلىپ دەپنە قىلدى؛ ئاندىن بېرىپ ئەيساغا بۇ ئىشلارنى خەۋەر قىلدى.

## ئەيسانىڭ بەش مىڭ كىشىنى تويغۇزۇشى

مار. 6:30-44؛ لۇقا 9:10-17؛ يۇھ. 6:1-14

[13]ئەيسا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزى يالغۇز پىنھان بىر جايغا كېتەي دەپ
بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. خالايىق بۇنىڭ خەۋىرىنى
تاپقاندا، ئەتراپتىكى شەھەرلەردىن كېلىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن پىيادە
ماڭدى. [14]ئۇ قىرغاققا چىقىپ كەتكىنىدە، زور بىر توپ ئادەملەرنى
كۆرۈۋىدى، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى ساقايتتى.
[15]كەچ كىرگەندە، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ــ بۇ چۆل
بىر جاي ئىكەن، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. خالايىقنى يولغا
سېلىۋەتكەن بولساڭ، ئاندىن ئۇلار كەنتلەرگە بېرىپ ئۆزلىرىگە
ئوزۇق سېتىۋالسۇن، ــ دېدى.
[16]لېكىن ئەيسا ئۇلارغا: ــ ئۇلارنىڭ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزۈڭلار
ئۇلارغا ئوزۇق بېرىڭلار، ــ دېدى.
[17]لېكىن مۇخلىسلار:

**9:14 «پادىشاھ بۇنىڭغا ھەسرەت چەككەن بولسىمۇ...»** ــ ھىرود ھاكىم بەزىدە «پادىشاھ» دېيىلەتتى.

**13:14** مات. 15:12؛ مار. 6:31؛ لۇقا 9:10.

**14:14** مات. 9:36؛ يۇھ. 6:5.

**15:14** مار. 6:35؛ لۇقا 9:12.

بىزدە بەش نان بىلەن ئىككى دانە بېلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق،
ــ دېيىشتى.
[18] ئۇ: ــ ئۇلارنى ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى.
[19] ئۇ خالايىقنى چۆپلۈكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن،
بەش نان بىلەن ئىككى بېلىقنى قولىغا ئېلىپ، ئاسمانغا قاراپ
خۇداغا تەشەككۈر ئېيتتى. ئاندىن نانلارنى ئوشتۇپ مۇخلىسلىرىغا
بەردى، مۇخلىسلىرى خالايىققا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. [20] ھەممەيلەن
يەپ تويۇندى. مۇخلىسلار ئېشىپ قالغان پارچىلارنى لىق ئون ئىككى
سېۋەتكە تېرىۋالدى. [21] ئوزۇقلانغانلارنىڭ سانى ئاياللار ۋە بالىلاردىن
باشقا تەخمىنەن بەش مىڭ كىشى ئىدى.

## سۇ ئۈستىدە مېڭىش

مار. 6:45-52؛ يۇھ. 6:16-21

[22] ئارقىدىلا، ئۇ مۇخلىسلىرىنى كېمىگە ئولتۇرغۇزۇپ: ئۆزۈم بۇ
خالايىقنى يولغا سېلىۋېتىمەن، سىلەر ئاڭغۇچە دېڭىزنىڭ قارشى
قىرغىقىغا ئۆتۈپ تۇرۇڭلار، دەپ بۇيرۇدى. [23] خالايىقنى يولغا
سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ دۇئا قىلىش ئۈچۈن ئۆزى خىلۋەت
تاغقا چىقتى. كەچ كىرگەندىمۇ ئۇ يەردە يالغۇز قالدى. [24] بۇ چاغدا،
كېمە قىرغاقتىن خېلى كۆپ چاقىرىم يۈرگەنىدى، لېكىن شامال
قارشى يۆنىلىشتىن چىقىۋاتقاچقا، كېمە دولقۇنلار ئىچىدە
چايقىلىپ تۇراتتى.

---

**19:14** 1سام. 9:13.

20:14 **«مۇخلىسلار ئېشىپ قالغان پارچىلارنى لىق ئون ئىككى سېۋەتكە تېرىۋالدى»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇلار ئېشىپ قالغان پارچىلارنى... تېرىۋالدى». مۇخلىسلار ئىكەنلىكى «مات.» 9:16ـ10دە ئىسپاتلىنىدۇ. **«لىق ئون ئىككى سېۋەتكە تېرىۋالدى»** ــ «سېۋەت» گرېك تىلىدا «قول سېۋەت» ــ دېمەك، بىر ئادەم ئىككى قوللاپ كۆتۈرەلەيدىغان سېۋەت.

**22:14** مار. 6:45؛ يۇھ. 6:17.

**23:14** مار. 6:46؛ يۇھ. 6:15.

24:14 **«كېمە قىرغاقتىن خېلى كۆپ چاقىرىم يۈرگەنىدى»** ــ ياكى «كېمە دېڭىز ئوتتۇرىسىدا

[25] كىچە تۆتىنچى جىسەك ۋاقتىدا، ئۇ دېڭىزنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ، مۇخلىسلىرى تەرەپكە كەلدى. [26] مۇخلىسلار ئۇنىڭ دېڭىزنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالاقزادە بولۇپ: — ئالۋاستى ئىكەن! — دەپ قورقۇپ چۇقان سېلىشتى.
[27] لېكىن ئەيسا دەرھال ئۇلارغا:
يۈرەكلىك بولۇڭلار، بۇ مەن، قورقماڭلار! — دېدى.
[28] پېتروس بۇنىڭغا جاۋابەن:
ئى رەب، بۇ سەن بولساڭ، سۇ ئۈستىدە مېڭىپ يېنىڭغا بېرىشىمغا ئەمر قىلغايسەن، — دېدى.
[29] كەل، — دېدى ئۇ.
پېتروس كېمىدىن چۈشۈپ، سۇ ئۈستىدە مېڭىپ، ئەيساغا قاراپ كېتىۋاتاتتى؛ [30] لېكىن بورانىنىڭ قاتتىق چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ، سۇغا چۆكۈشكە باشلىدى: — رەب، مېنى قۇتقۇزۇۋالغايسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.
[31] ئەيسا دەرھال قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا:
ئەي ئىشەنچى ئاجىز بەندە، نېمىشقا گۇمان قىلدىڭ؟ — دېدى.
[32] ئۇلار كېمىگە چىققاندا، شامال توختىدى. [33] كېمىدە ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلىپ:
بەرھەق، سەن خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنسەن، — دېيىشتى.

## ئەيسانىڭ گىننىسارەتتە بىمارلارنى ساقايتىشى

مار. 6:53-56

[34] ئۇلار دېڭىزنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتكەندە، گىننىسارەت يۇرتىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. [35] ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئۇنى تونۇپ قىلىپ،

يۈرگەندى...».
25:14 **«كىچە تۆتىنچى جىسەك ۋاقتىدا...»** — بىر كېچە تۆت جىسەككە بۆلۈنەتتى؛ شۇڭا بۇ ۋاقىت تاڭ ئاتاي دېگەن ۋاقىت ئىدى.
**34:14** مار. 6:53.

ئەتراپتىكى بارلىق جايلارغا خەۋەر ئەۋەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بارلىق بىمارلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى؛ [36] ئۇلار ئۇنىڭدىن بىمارلارنىڭ ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ تونىنىڭ پېشىگە بولسىمۇ قولىنى تەگكۈزۈۋېلىشىغا يول قويۇشىنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭغا قولىنى تەگكۈزگەنلەرنىڭ ھەممىسى سەللىمازا ساقايدى.

## ئەنئەنىمىز مۇھىممۇ ياكى خۇدانىڭ ئەمرى مۇھىممۇ ـ ئىنسانىنى نېمە ناپاك قىلىدۇ؟

مار. 7:1-23

15 [1] بۇ چاغدا، تەۋرات ئۇستازلىرىدىن ۋە پەرىسىيلەردىن
بەزىلىرى يېرۇسالېمدىن كېلىپ ئەيسانىڭ ئالدىغا
بېرىپ: [2] ــ مۇخلىسلىرىڭ نېمىشقا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ
ئەنئەنىلىرىگە خىلاپلىق قىلىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار قوللىرىنى يۇماي
تاماق يەيدىكەنغۇ، ــ دېدى.
[3] لېكىن ئۇ ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
سىلەرچۇ، سىلەر نېمىشقا ئەنئەنىمىزنى ساقلايمىز دەپ خۇدانىڭ
ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىسىلەر؟ [4] چۈنكى خۇدا: «ئاتا-ئاناڭنى
ھۆرمەت قىل» ۋە «ئاتىسى ياكى ئانىسىنى ھاقارەتلىگەنلەر ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلىنسۇن» دەپ ئەمر قىلغان. [5] لېكىن سىلەر: ــ ھەرقانداق
كىشى «ئاتىسى ياكى ئانىسىغا: ــ مەن سىلەرگە ياردەم بەرگۈدەك
نەرسىلەرنى ئاللىقاچان خۇداغا ئاتىۋەتتىم ــ دېسىلا، [6] ئۇنىڭ ئاتا-
ئانىسىغا ھۆرمەت-ۋاپادارلىق قىلىش مەجبۇرىيىتى قالمايدۇ، ــ

---

**1:15** مار. 7:1.

**4:15** **«ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىل» ۋە «ئاتىسى ياكى ئانىسىنى ھاقارەتلىگەنلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن»** ــ بۇ ئەمرلەر تەۋرات «مىس.» 20:12، 17، «لاۋ.» 20:9 ۋە «قان.» 5:16دە خاتىرىلىنىدۇ.

**4:15** مىس. 20:12؛ 21:17؛ لاۋ. 20:9؛ قان. 5:16؛ پەند. 20:20؛ ئەف. 6:2.

دەيسىلەر. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنەڭلارنى دەپ، خۇدانىڭ ئەمرىنى يوققا
چىقىرىۋەتتىڭلار. [7]ئەي ساختىپەزلەر! يەشايا پەيغەمبەر بەرگەن
مۇشۇ بېشارەت توپتوغرا سىلەر توغرۇلۇق ئېكەن: ــ
[8]«مۇشۇ خەلق ئاغزىدا مېنى ھۆرمەتلىگىنى بىلەن،
بىراق قەلبى مەندىن يىراق.
[9]ئۇلار ماڭا بىھۇدە ئىبادەت قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئۆگەتكەن تەلىملىرى پەقەت ئىنسانلاردىن چىققان
پەتىۋالارلا، خالاس».

## ھەقىقىي ناپاكلىق

[10]ئاندىن ئۇ خالايىقنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا:
قۇلاق سېلىڭلار ھەم شۇنى چۈشىنىڭلاركى، [11]ئىنساننى ناپاك
قىلىدىغىنى ئاغزىدىن كىرىدىغىنى ئەمەس، بەلكى ئاغزىدىن

---

6:15 **«ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ھۆرمەت-ۋاپادارلىق قىلىش مەجبۇرىيىتى قالمايدۇ، ــــ دەيسىلەر. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنەڭلارنى دەپ، خۇدانىڭ ئەمرىنى يوققا چىقىرىۋەتتىڭلار»** ــ مەسىھنىڭ سۆزىگە قارىغاندا «خۇداغا ئاتىغان تەئەللۇقاتلار» تېخى ئاتىغۇچى كىشىنىڭ قولىدا تۇرغاندا، ئۇلاردىن پايدىلىنىۋەرسە بولاتتى. شۇ كىشى بەلكىم تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن «دۇنيادىن كەتكىنىمدىن كېيىن...» ياكى «مەلۇم بىر مەزگىلدىن كېيىن...» «ئىبادەتخانىغا تاپشۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلغان بولسا كېرەك. يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن مىساللار تېپىلىدۇ.
—پەرىسىيلەر ئۆگەتكەن شۇ ھىيلە-مىكىر: «مال-مۈلكۈڭنى خۇداغا ئاتالىغان («قۇربان قىلىغان») قىلغان بولساڭ، ئاتا-ئاناڭدىن خەۋەر ئالمىساڭ بولىدۇ» ئەمەس، بەلكى «(شۇنداق قىلغان بولساڭ) **خەۋەر ئېلىشىڭغا بولمايدۇ»** دېگەندەك. ئۇلار شۈبھىسىزكى ئاخىرىدا بۇ ئىشتىن مەلۇم بىر پايدا كۆرىدۇ، ئەلۋەتتە.
**6:15** مار. 13:7؛ 1تىم. 3:4؛ 2تىم. 2:3.
**8:15** يەش. 13:29؛ ئەز. 31:33؛ مار. 6:7.
9:15 **«... ئۇلار ماڭا بىھۇدە ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگەتكەن تەلىملىرى پەقەت ئىنسانلاردىن چىققان پەتىۋالارلا، خالاس»** ــ (8-9-ئايەتلەر) «يەش.» 13:29.
**9:15** يەش. 13:29؛ مار. 6:7، 7؛ كول. 18:2، 20، 22.
**10:15** مار. 14:7.

چىقىدىغىنىدۇر، ــ دېدى.
[12]كېيىن مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
سېنىڭ بۇ سۆزۈڭنى پەرىسىيلەر ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ
رەنجىگەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ ــ دېدى.
[13]لېكىن ئۇ مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:
ئەرشتىكى ئاتام تىكمىگەن ھەرقانداق ئۆسۈملۈك يىلتىزىدىن
يۇلۇنۇپ تاشلىنىدۇ. [14]سىلەر ئۇلارغا پىسەنت قىلماڭلار؛ ئۇلار
كورلارغا يول باشلايدىغان كورلاردۇر. ئەگەر كور كورغا يول باشلىسا،
ھەر ئىككىسى ئورىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.
[15]لېكىن پېترۇس ئۇنىڭغا:
بايا ئېيتقان تەمسىلنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ بەرگەيسەن، ــ دېدى.
[16]لېكىن ئۇ: ــ سىلەرمۇ تېخىچە چۈشەنچىگە ئېرىشمىدىڭلار؟!
ــ دېدى. [17]ئېغىزغا كىرگەن بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاشقازان
ئارقىلىق تەرەت بولۇپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى تېخى
چۈشەنمەمسىلەر؟ [18]لېكىن ئېغىزدىن چىقىدىغىنى قەلبتىن
چىقىدۇ، ئىنساننى ناپاك قىلىدىغىنىمۇ شۇدۇر. [19]چۈنكى يامان
ئويلار، قاتىللىق، زىناخورلۇق، بۇزۇقچىلىق، ئوغرىلىق، يالغان
گۇۋاھلىق ۋە تۆھمەت قاتارلىقلار قەلبتىن چىقىدۇ. [20]ئىنساننى
ناپاك قىلىدىغانلار مانا شۇلاردۇر؛ يۇيۇلمىغان قوللار بىلەن تاماق
يېيىش ئىنساننى ناپاك قىلمايدۇ.

---

**11:15** روس. 15:10؛ رىم. 17:14، 20؛ تىت. 15:1.

**13:15** يۇھ. 2:15.

**14:15** يەش. 19:42؛ لۇقا 39:6.

**15:15** مار. 17:7.

**19:15** يار. 5:6؛ 21:8؛ پەند. 14:6؛ يەر. 9:17.

## يات ئەللىك ئايالنىڭ ئېتىقادى

مار. 7:24-30

[21] ئەيسا ئۇ يەردىن چىقىپ، تۇر ۋە زىدون شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى
يۇرتلارغا باردى. [22] مانا، ئۇ چەت يەرلەردىن كەلگەن قانانىي بىر ئايال
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
ئى رەب! داۋۇتنىڭ ئوغلى، ھالىمغا رەھىم قىلغايسىز! قىزىمغا جىن
چاپلىشىۋالغانىكەن، قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ! ــ دەپ ئۇنىڭغا نىدا
قىلىپ زارلىدى.
[23] لېكىن ئۇ ئۇ ئايالغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدى. مۇخلىسلىرى
ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:
بۇ ئايالنى يولغا سالساڭ! چۈنكى ئۇ كەينىمىزدىن ئەگىشىپ يالۋۇرۇپ
نىدا قىلىۋاتىدۇ، ــ دېدى.
[24] ئەمدى ئۇ جاۋاب بېرىپ:
مەن پەقەت يولدىن تېنىگەن قوي پادىلىرى بولغان ئىسرائىل
جەمەتىدىكىلەرگە ئەۋەتىلگەنمەن، ــ دېدى.
[25] ئەمما ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلىپ:
رەب، ماڭا ياردەم قىلغايسەن! ــ دەپ يالۋۇردى.
[26] ئۇ ئۇنىڭغا:
بالىلارنىڭ نېنىنى كىچىك ئىتلارغا تاشلاپ بېرىش ياخشى ئەمەس،
ــ دېدى.

---

15:21 **«ئەيسا ئۇ يەردىن چىقىپ، تۇر ۋە زىدون شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلارغا باردى»** ــ ئۇ يەر «چەتئەللىكلەر» تۇرۇۋاتقان رايون بولۇپ، مەسىھنىڭ شۇ يەرگە بېرىشتىكى مەقسىتى، ئۆز خەلقىدىن بىر ۋاقىت ئايرىلىپ ئارام ئېلىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

**15:21** مار. 7:24.

**15:24** مات. 10:6؛ روس. 13:46.

15:26 **«بالىلارنىڭ نېنىنى كىچىك ئىتلارغا تاشلاپ بېرىش ياخشى ئەمەس»** ــ مەسىھ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ۋەزىپىسىنى، يەھۇدىيلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش، دەپ تەكىتلەيدۇ. «كىچىك ئىتلار» بەلكىم ھاقارەتلىك سۆز بولماي، ئۆيدىكى ئارزۇلۇق پىستىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇھىم ۋەقە توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

[27] لېكىن ھېلىقى ئايال: دۇرۇس، ئى رەب، بىراق ھەتتا ئىتلارمۇ خوجايىنىنىڭ داستىخىنىدىن چۈشكەن ئۇۋاقلارنى يەيدىغۇ، ــ دېدى.
[28] شۇنىڭ بىلەن ئەيسا ئۇنىڭغا:
ئەي خانىم، ئىشەنچىڭ كۈچلۈك ئىكەن! تىلىگىنىڭدەك بولسۇن! ــ دېدى. ئۇ ئايالنىڭ قىزى شۇئان ساقىيىپ كەتتى.

## نۇرغۇن كېسەللەرنىڭ ساقايتىلىشى

[29] ئەيسا ئۇ يەردىن چىقىپ، گالىلىيە دېڭىزىنىڭ بويىدىن ئۆتۈپ، تاغقا چىقىپ ئولتۇردى. [30] ئۇنىڭ ئالدىغا توپ-توپ خالايىق يىغىلدى. ئۇلار توكۇر، قارىغۇ، گاچا، چولاق ۋە نۇرغۇن باشقا خىل كېسەللەرنىمۇ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئايىغى ئالدىغا قويۇشتى؛ ئۇ ئۇلارنى ساقايتتى. [31] شۇنىڭ بىلەن خالايىق گاچىلارنىڭ سۆزلىيەلەيدىغان بولغانلىقىنى، چولاقلارنىڭ ساقايغىنىنى، توكۇرلارنىڭ ماڭغانلىقىنى ۋە قارىغۇلارنىڭ كۆرىدىغان بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولدى ۋە ئىسرائىلنىڭ خۇداسىنى ئۇلۇغلىدى.

## تۆت مىڭ ئادەمنىڭ تويغۇزۇلۇشى

مار. 8:1-10

[32] ئاندىن ئەيسا مۇخلىسلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:
بۇ خالايىققا ئىچىم ئاغرىيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئۈچ كۈندىن بېرى يېنىمدا بولدى، يېگۈدەك بىر نەرسىسىمۇ قالمىدى. ئۇلارنى ئۆيلىرىگە ئاچ قايتۇرۇشنى خالىمايمەن، يولدا ھالىدىن كېتىشى مۇمكىن، ــ دېدى.
[33] مۇخلىسلار ئۇنىڭغا:
بۇ چۆلدە بۇنچىۋالا ئادەمنى تويغۇزغۇدەك كۆپ ناننى نەدىن تاپىمىز؟ ــ دېيىشتى.

---

**29:15** مار. 7:31.
**30:15** يەش. 29:18؛ 35:5؛ مات. 11:5؛ لۇقا 7:22.
**32:15** مار. 8:1.

34 ئەيسا ئۇلاردىن: قانچە نېنىڭلار بار؟ ــ دەپ سورىدى.
يەتتە نان بىلەن بىرنەچچە تال كىچىك بېلىق بار، ــ دېيىشتى ئۇلار.
35 بۇنىڭ بىلەن ئۇ خالايىقنى يەردە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. 36 ئاندىن،
يەتتە نان بىلەن بېلىقلارنى قولىغا ئېلىپ خۇداغا تەشەككۇر ئېيتىپ،
ئۇلارنى ئوشتۇپ مۇخلىسلىرىغا بەردى، مۇخلىسلار خالايىققا
ئۈلەشتۈردى. 37 ھەممەيلەن تويغۇچە يېدى؛ ئاندىن مۇخلىسلار
ئېشىپ قالغان پارچىلارنى يىغىپ يەتتە چوڭ سېۋەتنى توشقۇزدى.
38 تاماق يېگەنلەرنىڭ سانى باللار ۋە ئاياللاردىن باشقا تۆت مىڭ
كىشى ئىدى. 39 ئۇ خالايىقنى يولغا سالغاندىن كېيىن، كېمىگە
چۈشۈپ، ماگادان يۇرتىنىڭ چەت يەرلىرىگە باردى.

## پەرىسىيلەرنىڭ «مۆجىزىلىك ئالامەت» كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىشى

مار. 8:11-13؛ لۇقا 12:54-56

16 1 ئەمدى پەرىسىيلەر بىلەن سادۇقىيلار ئۇنى سىناش
مەقسىتىدە يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىزگە ئاسماندىن
مۆجىزىلىك بىر ئالامەت كۆرسەتسەڭ، دەپ تەلەپ قىلىشتى. 2 بىراق
ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

**36:15** 1سام. 13:9.

**1:16 «پەرىسىيلەر بىلەن سادۇقىيلار»** ــ «پەرىسىيلەر» بولسا تەۋرات قانۇنىغا قاتمۇ-قات تۇرلۇك باشقا قائىدە-نىزاملارنى قوشقان قاتتىق تەلەپچان دىنىي ئېقىم ئىدى. «سادۇقىيلار» دېگەن دىنىي ئېقىمنىڭ بەزى تەرەپلىرى ئۇلارغا ئوخشاش بولغىنى بىلەن، لېكىن ئۇلار تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر قىسىملىرىنى قوبۇل قىلماي، پەقەت تەۋراتتىكى 1-5-قىسىملارنى (يەنى مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان قىسىملار)نى قوبۇل قىلغان. ئۇلار «قىيامەت كۈنى»، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئاخىرەتتە ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئادەتتە «پەرىسىيلەر» ۋە «سادۇقىيلار» بىر-بىرىگە دۈشمەنلىشىپ يۈرەتتى، لېكىن ئۇلار ئەيسانى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەنىدى. **«بىزگە ئاسماندىن مۆجىزىلىك بىر ئالامەت كۆرسەتسەڭ»** ــ ئۇلار تەلەپ قىلغان «مۆجىزىلىك ئالامەت»، ئەيسانىڭ ھەقىقىي مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر كارامەتنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**1:16** مات. 12:38؛ مار. 8:11؛ لۇقا 11:29؛ 12:54؛ يـۇھ. 6:30.

كەچقۇرۇن سىلەر قىزىل شەپەقنى كۆرگىنىڭلاردا، «هاۋا ئەتە ئوچۇق بولىدۇ» دەيسىلەر[3] ۋە ئەتىگەندە: «بۈگۈن بوران چىقىدۇ، چۈنكى ئاسماننىڭ رەڭگى قىزىل ھەم تۇتۇق»، دەيسىلەر. ئاسمان رەڭگى-روينى پەرق ئېتەلەيسىلەر-يۇ، لېكىن بۇ زاماندا يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەرنى پەرق ئېتەلمەيسىلەر![4] رەزىل ھەم زىناخور بۇ دەۋر «مۆجىزىلىك بىر ئالامەت»نىڭ كۆرسىتىلىشىنى ئىستەپ يۈرىدۇ. بىراق بۇ دەۋردىكىلەرگە «يۇنۇس پەيغەمبەردە كۆرۈلگەن مۆجىزىلىك ئالامەت»تىن باشقا ھېچقانداق مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسىتىلمەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئۇلارنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

## «ئېچىتقۇ» بولغان ئېزىقتۇ تەلىمدىن ھوشيار بولۇش

مار. 8:14-21

[5]مۇخلىسلىرى دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكىنىدە، نان ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇغانىدى.[6] ئەيسا ئۇلارغا:
ھوشيار بولۇڭلار، پەرىسىيلەر بىلەن سادۇقىيلارنىڭ ئېچىتقۇسىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ــ دېدى.
[7]مۇخلىسلار ئۆزئارا مۇلاھىزىلىشىپ:
نان ئەكەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇنى دەۋاتسا كېرەك، ــ دېيىشتى.
[8]ئەيسا ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ مۇنداق دېدى:
ئەي ئىشەنچى ئاجىزلار! نېمە ئۈچۈن نان ئەكەلمىگەنلىكىڭلار توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىسىلەر؟[9] تېخىچە چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟ بەش نان بىلەن بەش مىڭ كىشىنىڭ تويغۇزۇلغانلىقى، قانچە سېۋەت

---

**2:16** لۇقا 54:12.

**4:16** «يۇنۇس پەيغەمبەردە كۆرۈلگەن مۆجىزىلىك ئالامەت» ــ 39:12-40-ئايەتلەرگە قارالسۇن. «بۇ زاماندا يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەر» توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ.

**4:16** يۇن. 2:1؛ مات. 39:12؛ لۇقا 29:11.

**6:16** مار. 15:8؛ لۇقا 1:12.

ئوزۇق يىغىۋالغانلىقىڭلار ئېسىڭلاردىن چىقتىمۇ؟ [10] يەتتە نان بىلەن
تۆت مىڭ كىشىنىڭ تويغۇزۇلغانلىقى، يەنە قانچە چوڭ سېۋەت ئوزۇق
يىغىۋالغانلىقىڭلارمۇ ئېسىڭلاردىن چىقتىمۇ؟ [11] سىلەرقانداقمۇ مېنىڭ
سىلەرگە: «پەرىسىيلەر بىلەن سادۇقىيلارنىڭ ئېچىتقۇسىدىن ئېھتىيات
قىلىڭلار» دېگىنىمنىڭ نان توغرۇلۇق ئەمەسلىكىنى چۈشەنمەيسىلەر؟
[12] مۇخلىسلار شۇندىلا ئۇنىڭ ناندىكى ئېچىتقۇدىن ئەمەس، بەلكى
پەرىسىيلەر بىلەن سادۇقىيلارنىڭ تەلىمىدىن ئېھتىيات قىلىشنى
ئېيتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

## پېترۇسنىڭ ئەيسانى مەسىھ دەپ تونۇشى

مار. 8:27-30؛ لۇقا 9:18-21

[13] ئەيسا قەيسەرىيە-فىلىپپى رايونىغا كەلگىنىدە، ئۇ
مۇخلىسلىرىدىن:
كىشىلەر مەن ئىنسانئوغلىنى كىم دەپ بىلىدىكەن؟ ـ دەپ سورىدى.
[14] مۇخلىسلىرى: بەزىلەر سېنى چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا، بەزىلەر ئىلياس
پەيغەمبەر ۋە يەنە بەزىلەر يەرەمىيا ياكى باشقا پەيغەمبەرلەردىن بىرى
دەپ بىلىدىكەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.
[15] ئۇ ئۇلاردىن: ئەمدى سىلەرچۇ؟ سىلەر مېنى كىم دەپ بىلىسىلەر؟ ـ
دەپ سورىدى.
[16] سىمون پېترۇس: سەن مەسىھ، مەڭگۈلۈك هايات خۇدانىڭ ئوغلى
ئىكەنسەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.
[17] ئەيسا ئۇنىڭغا:

**9:16** مات. 17:14؛ مار. 38:6؛ لۇقا 13:9؛ يۇھ. 9:6.
**10:16** مات. 34:15.
**13:16** مار. 27:8؛ لۇقا 18:9.
**14:16** مات. 2:14.
**16:16 «... مەڭگۈلۈك هايات خۇدانىڭ ئوغلى»** ــ گرېك تىلىدا «تىرىك خۇدانىڭ ئوغلى».
«تىرىك خۇدا» دېگەن ئىبارە خۇدانى هايات، «ئۆلۈك بۇت ئەمەس»، ھەقىقىي خۇدا دەپ تەكىتلەيدۇ.
**16:16** يۇھ. 69:6.

بەختلىكسەن، ئى يۇنۇس ئوغلى سىمون! بۇنى ساڭا ئايان قىلغۇچى
ھېچ ئەت-قان ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئەرشتىكى ئاتامدۇر.
[18] مەن ساڭا شۇنى ئېيتايكى، سەن بولساڭ پېترۇسدۇرسەن. مەن
جامائىتىمنى بۇ ئۇيۇلتاش ئۈستىگە قۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىدىن
تەھتىسارانىڭ دەرۋازىلىرىمۇ غالىب كېلەلمەيدۇ. [19] ئەرش
پادىشاھلىقىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ساڭا تاپشۇرىمەن؛ سەن يەر يۈزىدە
نېمىنى باغلىساڭ ئەرشتىمۇ باغلانغان بولىدۇ، سەن يەر يۈزىدە
نېمىنى قويۇپ بەرسەڭ، ئەرشتىمۇ قويۇپ بېرىلگەن بولىدۇ، ــ دېدى.
[20] بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپ، ئۇ مۇخلىسلىرىغا ئۆزىنىڭ مەسىھ
ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى تاپىلىدى.

## ئەيسانىڭ ئۆلۈپ تىرىلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىشى

مار. 8:31-38؛ 9:1؛ لۇقا 9:22-27

[21] شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئەيسا مۇخلىسلىرىغا ئۆزىنىڭ
يېرۇسالېمغا كېتىشى، ئاقساقاللار، باش كاھىنلار ۋە تەۋرات

---

17:16 **«... يۇنۇس ئوغلى سىمون!»** ــ گرېك تىلىدا «... سىمون بار-ئىئوناھ» («يۇنۇسنىڭ ئوغلى»). بۇ يۇنۇس تەۋراتتىكى پەيغەمبەر يۇنۇس ئەمەس؛ لېكىن قىزىق بىر ئىش شۇكى، پېترۇس ۋە يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ كۆپ ئورتاق يەرلىرى بار.

**17:16** مات. 25:11.

18:16 **«سەن بولساڭ پېترۇسدۇرسەن. مەن جامائىتىمنى بۇ ئۇيۇلتاش ئۈستىگە قۇرىمەن....»** ــ «پېترۇس»نىڭ مەنىسى «تاش» بولۇپ، ئۇ «جامائەتنىڭ ئۇلى» ئەمەس. جامائەتنىڭ ئۇلى بولسا ئەيسا ئېيتقان «ئۇيۇلتاش» بولۇپ، ئۇ ياكى ئۆزىنى ياكى ئۆزىگە باغلانغان ئىمان-ئېتىقادىنى كۆرسىتىدۇ. «1پېت.» 2:4-9نى ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«تەھتىسارانىڭ دەرۋازىلىرى»** ــ بەلكىم كۆچمە مەنىدە بولۇپ، «ئۆلۈمنىڭ كۈچى»، «جىن-شەيتانلارنىڭ كۈچلىرى»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**18:16** زەب. 22:118؛ يەش. 16:28؛ 20:33؛ يۇھ. 43:1؛ 1كور. 11:3.

19:16 **«ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ساڭا تاپشۇرىمەن؛ سەن يەر يۈزىدە نېمىنى باغلىساڭ ئەرشتىمۇ باغلانغان بولىدۇ،...»** ــ بۇ مۇھىم سۆز توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**19:16** مات. 18:18؛ يۇھ. 22:20.

**ئۇستازلىرى تەرىپىدىن كۆپ ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشى،**
**ئۆلتۈرۈلۈشى مۇقەررەر بولغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۈچىنچى كۈنى**
**تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئايان قىلىشقا باشلىدى.**
**22 شۇنىڭ بىلەن پېترۇس ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، ئۇنى**
**ئەيىبلەپ: يا رەب، ساڭا رەھىم قىلىنغاي! بېشىڭغا بۇنداق**
**ئىشلار قەتئىي چۈشمەيدۇ! ــ دېدى.**
**23 لېكىن ئۇ بۇرۇلۇپ پېترۇسقا قاراپ:**
**ئارقامغا ئۆت، شەيتان! سەن ماڭا پۇتلىكاشاڭسەن، سېنىڭ**
**ئويلىغانلىرىڭ خۇدانىڭ ئىشلىرى ئەمەس، ئىنسانىنىڭ**
**ئىشلىرىدۇر، ــ دېدى. 24 ئاندىن ئەيسا مۇخلىسلىرىغا مۇنداق**
**دېدى: كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى خالىسا، ئۆزىدىن ۋاز**
**كېچىپ، ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن!**
**25 چۈنكى ئۆز جېنىنى قۇتقۇزماقچى بولغان كىشى چوقۇم**
**جېنىدىن مەھرۇم بولىدۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن**
**مەھرۇم بولغان كىشى ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ.**
**26 چۈنكى بىر ئادەم پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولۇپ جېنىدىن مەھرۇم**
**قالسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟! ئۇ نېمىسىنى جېنىغا تېگى**

---

**21:16** مات. 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24.

24:16 **«كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى خالىسا، ئۆزىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن!»** ــ 38:10نى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتىنمۇ كۆرۈڭ.

**24:16** مات. 38:10؛ مار. 34:8؛ لۇقا 23:9؛ 27:14.

25:16 **«چۈنكى ئۆز جېنىنى قۇتقۇزماقچى بولغان كىشى چوقۇم جېنىدىن مەھرۇم بولىدۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن مەھرۇم بولغان كىشى ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا «جان» ۋە «ھايات» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «ئۆز جېنى» مۇشۇ يەردە پەقەت ئادەمنىڭ ھاياتىنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئېتىقادى بولغانلارغا مۇيەسسەر قىلىنغان مەڭگۈلۈك روھىي بەختىنى ۋە مىراسىنى كۆرسىتىدۇ.

**25:16** مات. 39:10؛ مار. 35:8؛ لۇقا 24:9؛ 33:17؛ يۇھ. 25:12.

شسۇن؟! [27] چۈنكى ئىنسانئوغلى ئاتىسىنىڭ شان-شەرىپى ئىچىدە
پەرىشتىلىرى بىلەن كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ؛ ۋە ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ
ئۆز ئەمەللىرىگە تۇشلۇق جاۋاب قايتۇرىدۇ.
[28] مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەردە
تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىشتىن بۇرۇن
جەزمەن ئىنسانئوغلىنىڭ ئۆز پادىشاھلىقى بىلەن كەلگەنلىكىنى
كۆرىدىغانلار باردۇر.

## ئەيسانىڭ جۇلالىقتا كۆرۈنۈشى

مار. 9:2-13؛ لۇقا 9:28-36

17 [1] ۋە ئالتە كۈندىن كېيىن، ئەيسا پېترۇس، ياقۇپ ۋە ياقۇپنىڭ
ئىنىسى يۇھاننانى ئايرىپ ئېلىپ، ئېگىز بىر تاغقا چىقتى.

---

26:16 **«چۈنكى بىر ئادەم پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولۇپ جېنىدىن مەھرۇم قالسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟! ئۇ نېمىسىنى جېنىغا تېگىشسۇن؟!»** ــ يۇقىرىقى ئىزاھاتتا ئېيتىلغاندەك، «ئۆز جېنى» مۇشۇ يەردە پەقەت ئادەمنىڭ ھاياتىنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئېتىقادچى بولغانلارغا مۇيەسسەر قىلىنغان مەڭگۈلۈك روھىي بەختنى ۋە مىراسىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**26:16** زەب. 49:6-12؛ مار. 8:37؛ لۇقا 9:25.

**27:16** ئايۇپ 34:11؛ زەب. 62:12؛ مات. 24:30؛ 25:31؛ 26:64؛ رىم. 2:6.

28:16 **«بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىشتىن بۇرۇن...»** ــ «ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىش» گرېك تىلىدا «ئۆلۈمنى تېتىش» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. **«بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىشتىن بۇرۇن جەزمەن ئىنسانئوغلىنىڭ ئۆز پادىشاھلىقى بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرىدىغانلار باردۇر»** ــ بىزنىڭچە 16:28-ئايەتتىكى سۆزنىڭ مۇھىم مەنىسى 17-بابتا تەسۋىرلەنگەن كارامەت ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. باشقا ئالىملار ئۇ: (1) ئەيسا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇخلىسلىرىغا قايتا كۆرۈنۈشى بىلەن؛ (2) مۇقەددەس روھنىڭ كېلىشى بىلەن؛ (3) مەسىھنىڭ شەرىپى جامائەتتە ئايان قىلىنىشى بىلەن؛ (4) ئەيسانىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، دەپ قارايدۇ.
—يۇقىرىقى (1)-، (2)-، (3)-پىكىر سەل ئورۇنلۇق بولغىنى بىلەن، لېكىن ئەيسانىڭ «بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ **ئارىسىدىن...** كۆرىدىغانلار بار» دېگىنىدىن قارىغاندا، **بەزى** روسۇللار بۇ ئىشنى كۆرىدۇ، شۇڭا مۇھىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى 17-بابتىكى «ئەيسانىڭ جۇلالىقتا كۆرۈنۈشى» دېگەن ئىشتۇر، دەپ قارايمىز.

**28:16** مار. 9:1؛ لۇقا 9:27.

[2]ئۇ يەردە ئۇنىڭ سىياقى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆزگىرىپ، يۈزى
قۇياشتەك پارلىدى، كىيىملىرى نۇردەك ئاپئاق بولۇپ چاقنىدى.
[3]ۋە مانا، مۇخلىسلارغا مۇسا ۋە ئىلياس پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ بىلەن
سۆزلىشىۋاتقان ھالدا كۆرۈندى. [4]شۇنىڭ بىلەن پېترۇس ئەيساغا:
ئى رەب، بۇ يەردە بولغىنىمىز نېمىدېگەن ياخشى! خالىساڭ، بىرىنى
ساڭا، بىرىنى مۇساغا، يەنە بىرىنى ئىلياسقا ئاتاپ بۇ يەرگە ئۈچ كەپە
ياسايلى! ــ دېدى.
[5]ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، مانا نۇرلۇق بىر بۇلۇت ئۇلارنى قاپلىۋالدى.
مانا، بۇلۇتتىن: «بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇمدۇر، مەن ئۇنىڭدىن
خۇرسەنمەن. ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
[6]مۇخلىسلار بۇنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ دۈم يېتىپ
ۋەھىمىگە چۈشتى. [7]بىراق ئەيسا كېلىپ، ئۇلارغا قولىنى تەگكۈزۈپ:
قوپۇڭلار، قورقماڭلار، ــ دېدى. [8]ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى،
ئەيسادىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدى.
[9]تاغدىن چۈشۈۋېتىپ، ئەيسا ئۇلارغا:
ئىنسانئوغلى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلمىگۈچە، بۇ ئالامەت كۆرۈنۈشنى
ھېچكىمگە ئېيتماڭلار، ــ دەپ تاپىلىدى.
[10]ئاندىن مۇخلىسلىرى ئۇنىڭدىن:
تەۋرات ئۇستازلىرى نېمە ئۈچۈن: «ئىلياس پەيغەمبەر مەسىھ
كېلىشتىن ئاۋۋال قايتىپ كېلىشى كېرەك» دېيىشىدۇ؟ ــ دەپ
سوراشتى.
[11]ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن:

---

**1:17** مار. 2:9؛ لۇقا 28:9؛ 2پېت. 17:1.

**4:17** **«خالىساڭ، ... بۇ يەرگە ئۈچ كەپە ياسايلى!»** ــ ياكى «خالىساڭ، ... بۇ يەرگە ئۈچ كەپە ياساي!». بۇ سۆز ۋە پۈتۈن ۋەقە توغرۇلۇق يەنە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**5:17** قان. 19:18؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ روس. 22:3؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1.

**9:17** مار. 9:9؛ لۇقا 36:9.

**10:17** مال. 23:3؛ مات. 14:11؛ مار. 11:9.

ئىلياس پەيغەمبەر دەرۋەقە مەسىھتىن ئاۋۋال كېلىدۇ، ھەممە ئىشنى
ئورنىغا كەلتۈرىدۇ. [12] ئەمما مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى،
ئىلياس ئاللىقاچان كەلدى، لېكىن كىشىلەر ئۇنى تونۇمىدى،
بەلكى ئۇنىڭغا خالىغانچە مۇئامىلە قىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش،
ئىنسانئوغلىمۇ ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئازاب چېكىش ئالدىدا تۇرىدۇ،
— دېدى. [13] شۇ چاغدا مۇخلىسلار ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا
توغرىسىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

## جىن چاپلاشقان بالىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

مار. 9:14-29؛ لۇقا 9:37-43

[14] ئۇلار خالايىقنىڭ يېنىغا بارغىنىدا، بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا
كېلىپ، تىزلىنىپ:
[15] رەب، ئوغلۇمغا ئىچىڭنى ئاغرىتقايسەن! چۈنكى ئۇنىڭ تۇتقاقلىق
كېسىلى بار بولغاچقا، زور ئازاب چېكىۋاتىدۇ؛ چۈنكى ئۇ دائىم ئوتنىڭ
ياكى سۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. [16] ئۇنى مۇخلىسلىرىڭغا
ئېلىپ كەلگەنىدىم، ساقايتالمىدى، — دېدى.
[17] ئەيسا جاۋابەن: — ئەي ئېتىقادسىز ۋە تەتۈر دەۋر، سىلەر بىلەن
قاچانغىچە تۇراي؟! مەن سىلەرگە يەنە قاچانغىچە سەۋر قىلاي؟ —
بالىنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار — دېدى.
[18] شۇنىڭ بىلەن ئەيسا جىنغا تەنبىھ بېرىۋىدى، جىن بالىدىن چىقىپ
كەتتى، بالىمۇ شۇئان ساقايدى.
[19] كېيىن، ئەيسا ئايرىم قالغاندا، مۇخلىسلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

---

11:17 **«ئىلياس پەيغەمبەر دەرۋەقە مەسىھتىن ئاۋۋال كېلىدۇ، ھەممە ئىشنى ئورنىغا كەلتۈرىدۇ»** — «ئىلياسنىڭ ئاۋۋال كېلىشى» ۋە ئۇنىڭ «ھەممىنى ئورنىغا كەلتۈرۈشى»نى كۆرسەتكەن بىشارەت ۋە باشقا تەپسىلاتلىرى تەۋرات، «مال.» 4:5-6دە خاتىرىلىنىدۇ.

**14:17** مار. 9:16؛ لۇقا 9:37.

15:17 **«تۇتقاقلىق كېسىلى»** — گرېك تىلىدا «ئاي (شارى) تەرىپىدىن ئۇرۇلغان» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بىز نېمە ئۈچۈن جىننى قوغلىۋېتەلمىدۇق؟ ــ دەپ سوراشتى.
[20]ئۇ ئۇلارغا: ــ ئىشەنچىڭلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن. مەن سىلەرگە
شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، سىلەردە قىچا ئۇرۇقىدەك زەررىچە
ئىشەنچ بولسىلا، سىلەر ئاۋۇ تاغقا: «بۇ يەردىن ئۇ يەرگە كۆچ»
دېسەڭلار، كۆچىدۇ؛ شۇنداقلا سىلەرگە مۇمكىن بولمايدىغان ھېچ
ئىش بولمايدۇ. [21]بىراق، بۇنداق جىنلارنى دۇئا قىلىش ۋە روزا تۇتۇش
بىلەن بولمىسا ھەيدىگىلى بولمايدۇ ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ يەنە ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى توغرۇلۇق ئېيتىشى

مار. 9:30-32؛ لۇقا 9:43-45

[22]ئۇلار گالىلىيە ئۆلكىسىدە ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، ئەيسا ئۇلارغا:
ئىنسانئوغلى ساتقۇنلۇقتىن ئىنسانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ؛
[23]ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ، لېكىن ئۈچىنچى كۈنى ئۇ تىرىلىدۇ، ــ دېدى.
بۇنى ئاڭلاپ مۇخلىسلار ئېغىر غەم-قايغۇغا چۆمۈپ كەتتى.

## ئىبادەتخانا بېجى تاپشۇرۇش مەسىلىسى

[24]ئاندىن ئۇلار كەپەرناھۇم شەھىرىگە كەلگىنىدە، ئىبادەتخانا
«ئىككى دراقما» بېجىنى يىغقۇچىلار پېترۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ:
ئۇستازىڭلار «ئىككى دراقما»نى تۆلەمدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

---

**19:17** مار. 9:28.

**20:17** مات. 21:21؛ لۇقا 6:17.

21:17 **«بىراق، بۇنداق جىنلارنى دۇئا قىلىش ۋە روزا تۇتۇش بىلەن بولمىسا ھەيدىگىلى بولمايدۇ»** ــ بۇ ئايەت بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ.

**22:17** مات. 21:16؛ 18:20؛ مار. 8:31؛ 9:31؛ 10:33؛ لۇقا 9:22، 44؛ 18:31.

24:17 **«... ئىبادەتخانا «ئىككى دراقما» بېجىنى يىغقۇچىلار پېترۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ...»** ــ «ئىبادەتخانا بېجى» مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا «دىدراقما» (ئىككى «دراقما» پۇل) دېيىلىدۇ. «دىدراقما» ئەسلى بىرخىل تەڭگە بولۇپ، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئىسرائىلدىكى ھەر ئەر كىشى ھەر يىلدا ئىبادەتخانىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن «يېرىم شەكەل» (بىر دىدراقما) تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى. «مىس.» 30:13-16نى كۆرۈڭ.

25 تۆلەيدۇ، ــ دېدى پېترۇس.
لېكىن ئۇ ئۆيگە كىرگىشىگىلا، ئېيخى بىر نېمە دېمەستىلا ئەيسا
ئۇنىڭدىن:
سىمون، سېنىڭچە بۇ دۇنيادىكى پادىشاھلار كىملەردىن باج ئالىدۇ؟
ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ، ياكى ياتلاردىنمۇ، ــ دەپ سورىدى.
26 پېترۇس ئۇنىڭغا:
ياتلاردىن، ــ دېۋىدى، ئەيسا ئۇنىڭغا:
ئۇنداقتا، پەرزەنتلەر باجدىن خالىي بولىدۇ. 27 بىراق باج يىغقۇچىلارغا
پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقىمىز ئۈچۈن، دېڭىزغا بېرىپ قارماقنى تاشلا.
تۇتقان بىرىنچى بېلىقنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچساڭ، تۆت دىراقمىلىق
بىر تەڭگە پۇل چىقىدۇ. ئۇنى ئېلىپ مەن ۋە سەن ئىككىمىزنىڭ
بېجى ئۈچۈن ئۇلارغا بەر، ــ دېدى.

## ئەرش پادىشاھلىقىدا كىم ئەڭ ئۇلۇغ؟

مار. 9:33-37؛ لۇقا 9:46-48

18 1 بۇ چاغدا، مۇخلىسلار ئەيسانىڭ يېنىغا كېلىپ:
ئەرش پادىشاھلىقىدا كىم ئەڭ ئۇلۇغ؟ ــ دەپ سورىدى.
2 ئەيسا يېنىغا كىچىك بىر بالىنى چاقىرىپ، ئۇنى ئوتتۇرىدا تۇرغۇزۇپ،
مۇنداق دېدى:

---

**25:17** مات. 21:22؛ رىم. 7:13.
**27:17 «بىراق باج يىغقۇچىلارغا پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقىمىز ئۈچۈن...»** ــ ئەيسا ۋە پېترۇس ئىككىسى «پادىشاھنىڭ پەرزەنتى» بولۇپ، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا باج تۆلەشتىن خالىي ئىدى. لېكىن باج يىغقۇچىلار بۇنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇلار تۆلىمىسە، بەلكىم «بۇ ئەيسا تەقۋادار ئەمەس ئىكەن، مەسىھ بولالمايدۇ» دەپ قېلىشى، شۇنداقلا ئۇلار ئەيساغا ئېتىقاد باغلاپ، نىجاتقا ئېرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇشى مۇمكىن. **«تۆت دىراقمىلىق بىر تەڭگە پۇل چىقىدۇ»** ــ «تۆت دىراقما تەڭگە» (گرېك تىلىدا «ستاتېر») ــ 24-ئايەتتىكى ئىزاھات ئوقۇرمەنلەرنىڭ يادىدا بولسا كۆرەلەيدۇكى، بۇ پۇل ئەيسا ۋە پېترۇسنىڭ باجنى تۆلىشى ئۈچۈن دەل كېرەكلىك پۇل ئىدى.
**1:18** مار. 9:34؛ لۇقا 9:46؛ 24:22.

3 — مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئۆز يولۇڭلاردىن
يېنىپ، كىچىك بالىلاردەك سەبىي بولمىساڭلار، ئەرش پادىشاھلىقىغا
ھەرگىز كىرەلمەيسىلەر. 4 ئەمدى كىم ئۆزىنى بۇ كىچىك بالىدەك
كىچىك پېئىل تۇتسا، ئۇ ئەرش پادىشاھلىقىدا ئەڭ ئۇلۇغ بولىدۇ.
5 بۇنداق كىچىك بىر بالىنى مېنىڭ نامىمدا قوبۇل قىلسا، ئۇ
مېنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. 6 لېكىن ماڭا ئېتىقاد قىلغان بۇنداق
كىچىكلەردىن بىرىنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان ھەرقانداق ئادەمنى،
ئۇ بوينىغا يوغان تۈگمەن تېشى ئېسىلغان ھالدا دېڭىزنىڭ
تېگىگە چۆكتۈرۈۋېتىلگىنى ئەۋزەل بولاتتى. 7 ئىنسانىنى گۇناھقا
پۇتلاشتۇرىدىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!
پۇتلاشتۇرىدىغان ئىشلار مۇقەررەر بولىدۇ؛ لېكىن شۇ پۇتلاشتۇرغۇچى
ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي!
8 ئەگەر ئەمدى قولۇڭ ياكى پۇتۇڭ سېنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرسا، ئۇنى
كېسىپ تاشلىۋەت. چۈنكى ئىككى قولۇڭ ياكى ئىككى پۇتۇڭ بار
ھالدا دوزاختىكى ئوتقا تاشلانغىنىڭدىن كۆرە، چولاق ياكى توكۇر
ھالدا ھاياتلىققا كىرگىنىڭ ئەۋزەلدۇر.
9 ئەگەر كۆزۈڭ سېنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرسا، ئۇنى ئويۇپ ئۆزۈڭدىن نېرى

---

**3:18** مات. 14:19؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2.

4:18 **«ئەمدى كىم ئۆزىنى بۇ كىچىك بالىدەك كىچىك پېئىل تۇتسا، ئۇ ئەرش پادىشاھلىقىدا ئەڭ ئۇلۇغ بولىدۇ»** — «كىچىك بالىلار» ئادەتتە چوڭچىلىق قىلمايدۇ ۋە ئۆزىنى بىلەرمەن قىلىپ كۆرسەتمەيدۇ ۋە بەلكىم ھەممىدىن مۇھىم ئاتىسىنىڭ سۆزىگە شەرتسىز ئىشىنىدۇ.

**4:18** 1پېت. 6:5.

**5:18** مار. 37:9؛ لۇقا 48:9؛ يۇھ. 20:13.

**6:18** مار. 42:9؛ لۇقا 2:17.

7:18 **«ئىنسانىنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرىدىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! پۇتلاشتۇرىدىغان ئىشلار مۇقەررەر بولىدۇ؛ لېكىن شۇ پۇتلاشتۇرغۇچى ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي!»** — بۇ مۇھىم ئايەت ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**7:18** مات. 24:26؛ روس. 23:2؛ 27:4، 28؛ 1كور. 19:11.

**8:18** قان. 7:13؛ مات. 29:5، 30؛ مار. 43:9.

تاشلىۋەت. ئىككى كۆزۈڭ بار ھالدا دوزاختىكى ئوتقا تاشلانغىنىڭدىن
كۆرە، بىرلا كۆزۈڭ بىلەن بولسىمۇ ھاياتلىققا كىرگىنىڭ ئەۋزەلدۇر.

## ئازغان قوي توغرىسىدىكى تەمسىل

[10] ــ بۇ سەبىي كىچىكلەرنىڭ ھېچبىرىگىمۇ سەل قاراشتىن ھېزى
بولۇڭلار. چۈنكى شۇنى سىلەرگە ئېيتايكى، ئۇلارنىڭ ئەرشتىكى
پەرىشتىلىرى ئەرشتىكى ئاتامنىڭ جامالىنى ھەردائىم كۆرۈپ
تۇرىدۇ. [11] چۈنكى ئىنسانئوغلى ھالاكەتكە ئازغانلارنى قۇتقۇزغىلى
كەلدى.
[12] قانداق قارايسىلەر؟ بىراۋنىڭ يۈز تۇياق قويى بولۇپ، ئۇنىڭدىن
بىرى ئېزىپ تويتىن چۈشۈپ قالسا، ئۇ توقسان توققۇز قوينى تاغلارغا
قويۇپ قويۇپ، ھېلىقى ئازغان قوينى ئىزدەيدىغۇ؟ [13] ۋە ئەگەر ئۇنى
تېپىۋالسا، مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئۇ قوي
ئۈچۈن بولغان خۇشاللىقى ئازمىغان توقسان توققۇزىنىڭكىدىن
زور بولىدۇ. [14] شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ سەبىي كىچىكلەرنىڭ
ھەرقاندىقىنىڭ ھالاكەتكە ئېزىپ قېلىشى ئەرشتىكى ئاتاڭلارنىڭ
ئىرادىسى ئەمەستۇر.

## گۇناھ ئۆتكۈزگەن قېرىنداشقا بولغان مۇئامىلە

لۇقا 3:17

[15] ــ ئەمدى ئەگەر قېرىندىشىڭ ساڭا زىيان سېلىپ گۇناھ قىلسا،
ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىككىڭلار خالىي جاغدا سەۋەنلىكىنى
كۆرسىتىپ قوي. قېرىندىشىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىسا، ئۇنى ئېزىشتىن

**10:18** زەب. 7:34؛ لۇقا 3:15-7
**11:18** «**چۈنكى ئىنسانئوغلى ھالاكەتكە ئازغانلارنى قۇتقۇزغىلى كەلدى**» ــ بۇ ئايەت بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ.
**11:18** لۇقا 10:19.
**12:18** لۇقا 3:15.

قايتۇرۇۋالغان بولىسەن. 16لېكىن ئاڭلىمىسا، يەنە بىر-ئىككى
گۇۋاھچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن. شۇنداق قىلىپ، ھەممە
ئىش ئىككى-ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ سۆزى بىلەن قىلىنسۇن. 17لېكىن
ئەگەر قېرىندىشىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگىمۇ قۇلاق سالمىسا، ئەھۋالنى
جامائەتكە يەتكۈزۈپ ئېيتقىن. ئەگەر ئۇ جامائەتتىكىلەرگە قۇلاق
سالمىسا، ئۇنى يات ئەللىك ياكى باجگىر قاتارىدا كۆرۈڭلار.
18مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، سىلەر يەر يۈزىدە
نېمىنى باغلىساڭلار، ئەرشتىمۇ شۇ باغلانغان بولىدۇ ۋە سىلەر يەر
يۈزىدە نېمىنى قويۇپ بەرسەڭلار، ئەرشتىمۇ قويۇپ بېرىلگەن بولىدۇ.
19مەن يەنە شۇنى سىلەرگە بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، يەر يۈزىدە
ئاراڭلاردىن ئىككىسى ئۆزلىرى تىلىگەن بىر ئىش توغرۇلۇق قەلبى
بىر بولۇپ ھەرقانداق نەرسىنى تىلەپ دۇئا قىلسا، ئەرشتىكى
ئاتام ئۇلارنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدۇ. 20چۈنكى ئىككى ياكى

---

**15:18** لاۋ. 17:19؛ پەند. 10:17؛ لۇقا 3:17؛ ياق. 19:5.

**16:18 «ھەممە ئىش ئىككى-ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ سۆزى بىلەن قىلىنسۇن»** — بۇ سۆز «قان.» 15:19دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

**16:18** چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 15:19؛ يـۇھ. 17:8؛ 2كور. 1:13؛ ئىبر. 28:10.

**17:18 «ئەگەر ئۇ جامائەتتىكىلەرگە قۇلاق سالمىسا، ئۇنى يات ئەللىك ياكى باجگىر قاتارىدا كۆرۈڭلار»** — شۇ چاغدا «يات ئەللىك»لەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇتپەرەس ئىدى. «باجگىر»لار (رىم ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن خەلقتىن باج ئالىدىغان يەھۇدىيلار) بولسا «رىم ئىمپېرىيەگە سېتىلىپ كەتكەن خائىنلار» دەپ «ئىپلاس ئادەملەر»نىڭ قاتارىدا قارىلاتتى.

**17:18** 1كور. 9:5؛ 2تېس. 14:3.

**18:18 «سىلەر يەر يۈزىدە نېمىنى باغلىساڭلار، ئەرشتىمۇ شۇ باغلانغان بولىدۇ ۋە سىلەر يەر يۈزىدە نېمىنى قويۇپ بەرسەڭلار، ئەرشتىمۇ قويۇپ بېرىلگەن بولىدۇ»** — بۇ سۆز 19:16-ئايەتتىكىگە ئوخشاش، بىراق ئاشۇ يەردە يالغۇز پېترۇسقا ئېيتىلغان. بىز ئەيسانىڭ مۇشۇ سۆزلىرىدە ئېيتىلغان ھوقۇق پەقەت روسۇللارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جامائەتكە تەۋەدۇر. ئەيسا تاپشۇرغان بۇ ھوقۇق: (1) جامائەتتىكى دۇئالاردا ئالاھىدە تىلەش ھوقۇقىنى؛ (2) جامائەت تەرتىپى بويىچە، گۇناھ سادىر قىلىپ، ئەمما توۋا قىلمىغان ئەزالارنى چەكلەش، جامائەتتىن چىقىرىش ياكى ئۇلارغا تەربىيە بېرىش ھوقۇقىنى كۆرستىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز (17-ئايەت ۋە 20-19ئايەتنى، «1كور.» 1:5-5، «2كور.» 2:5-11نى كۆرۈڭ).

**18:18** مات. 19:16؛ يـۇھ. 23:20.

ئۈچەيلەن مېنىڭ نامىم بىلەن قەيەردە يىغىلغان بولسا، مەن شۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولىمەن.

## شەپقەت كۆرگۈچى شەپقەتلىك بولۇشى كېرەك

[21] ئاندىن پېترۇس ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
ئى رەب، قېرىندىشىمنىڭ ماڭا زىيان سېلىپ ئۆتكۈزگەن قانچە قېتىملىق گۇناھىنى كەچۈرۈشۈم كېرەك؟ يەتتە قېتىممۇ؟ ــ دېدى.
[22] ئەيسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، يەتتە قېتىم ئەمەس، يەتمىش
ھەسسە يەتتە قېتىم! [23] ئەرش پادىشاھلىقى چاكارلىرى بىلەن
ھېساب-كىتاب قىلماقچى بولغان بىر پادىشاھقا ئوخشايدۇ.
[24] ھېساب-كىتابنى باشلىغىنىدا، ئۇنىڭغا ئون مىڭ تالانت پۇل
قەرزدار بولغان بىر چاكار كەلتۈرۈلۈپتۇ. [25] چاكارنىڭ تۆلىگۈدەك
ھېچنەرسىسى بولمىغاچقا، خوجىسى چاكارنىڭ ئۆزىنى، خوتۇن
بالا-چاقىسى ۋە بار-يوقىنى سېتىپ، قەرزىنى تۆلەشنى بۇيرۇپتۇ.
[26] شۇڭا چاكار ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە يىقىلىپ باش ئۇرۇپ: «خوجام،
ماڭا كەڭچىلىك قىلغايلا، مەن پۈتۈن قەرزىمنى چوقۇم تۆلەيمەن»
دەپ يالۋۇرۇپتۇ. [27] چاكارنىڭ خوجىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى

---

**20:18 «ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم مېنىڭ نامىم بىلەن قەيەردە يىغىلغان بولسا...»** ــ گرېك تىلىدا «ئىككى ياكى ئۈچەيلەن مېنىڭ نامىمغا قەيەردە يىغىلغان بولسا...».

**20:18** لۇقا 15:24، 36.

**21:18** لۇقا 4:17.

**22:18 «يەتتە قېتىم ئەمەس، يەتمىش ھەسسە يەتتە قېتىم!»** ــ ياكى «يەتتە قېتىم ئەمەس، يەتمىش يەتتە قېتىم».

**22:18** مات. 14:6؛ مار. 25:11؛ كول. 13:3.

**24:18 «ون مىڭ تالانت پۇل»** ــ بىر «تالانت» ئالتۇن ياكى كۈمۈش تەڭگە ئاز دېگەندە بىر ئىشچىنىڭ يىللىق ھەققىنىڭ 17 ھەسسىسى بولۇپ، 10000 تالانت ھازىر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەلكىم ئىككى مىليارد (مىڭ مىليون) دوللارچە بولىدۇ.

**25:18** مات. 25:5.

قويۇپ بېرىپ، قەرزىنى كەچۈرۈم قىلىپتۇ.
[28]لېكىن چاكار ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۆزىگە يۈز دىنار قەرزدار بولغان
يەنە بىر چاكار بۇرادىرىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، بوينىنى
بوغۇپ تۇرۇپ: «قەرزىنى تۆلە!» دەپتۇ. [29]بۇنىڭ بىلەن بۇ چاكار
بۇرادىرى يەرگە يىقىلىپ ئۇنىڭدىن: «ماڭا كەڭچىلىك قىل،
قەرزنى چوقۇم قايتۇرىمەن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. [30]لېكىن ئۇ ئۇنىماپتۇ
ۋە: «پۈتۈن قەرزنى تۆلىمىگۈچە زىنداندا ياتىسەن» دەپ ئۇنى
زىندانغا تاشلىتىپتۇ. [31]بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگەن
باشقا چاكارلار ئىنتايىن ئازابلىنىپ خوجىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ،
ئەھۋالنى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.
[32]بۇنىڭ بىلەن خوجىسى ھېلىقى چاكارنى چاقىرتىپ: «ئەي
رەزىل چاكار! ماڭا يېلىنغانلىقىڭ ئۈچۈن شۇنچە كۆپ قەرزىڭنىڭ
ھەممىسىنى كەچۈردۈم. [33]مەن ساڭا ئىچ ئاغرىتقىنىمدەك، سەنمۇ
چاكار بۇرادىرىڭگە ئىچ ئاغرىتىشىڭغا توغرا كەلمەمدۇ؟!»
دەپتۇ. [34]بۇنىڭ بىلەن خوجىسى غەزەپلىنىپ ئۇنى پۈتۈن قەرزىنى
تۆلەپ بولغۇچە ئادەم قىينىغۇچى گۇندىپايلارنىڭ قولىدا تۇرۇشقا
تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.
[35]شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر ھەربىرىڭلار ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارنى
چىن دىلىڭلاردىن كەچۈرمىسەڭلار، ئەرشتىكى ئاتاممۇ سىلەرگە
ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ.

---

**28:18 «يۈز دىنار قەرزدار»** ــ شۇ ۋاقىتلاردا «بىر دىنار» بىر ئىشچىنىڭ بىر كۈنلۈك ھەققى بولۇپ، يۈز تەڭگە بەلكىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1300 دوللارچە بولاتتى.

**34:18 «ئادەم قىينىغۇچى گۇندىپايلار»** ــ مۇشۇ گۇندىپايلارنىڭ ئادەتتىكى ۋەزىپىسى جىنايەتچىنىڭ جىنايىتىنى سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن مەھبۇسلارنى قىيناش ئىدى.

**35:18** مات. 14:6؛ مار. 26:11؛ ياق. 13:2.

## تالاق قىلىش توغرىسىدا

مار. 12-1:10

19 [1]شۇنداق بولدىكى، ئەيسا بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بولغاندىن
كېيىن، گالىلىيە ئۆلكىسىدىن ئايرىلىپ، يەھۇدىيە
ئۆلكىسىنىڭ چەت يەرلىرىگە، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ
قېتىدىكى يۇرتلارغا باردى. [2]توپ-توپ ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۇلارنى شۇ يەردىلا ساقايتتى.
[3]ئەمدى بەزى پەرىسىيلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى قىلتاققا
چۈشۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن:
بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق سەۋەبتىن ئايالىنى قويۇۋېتىشى تەۋرات
قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
[4]ئۇنىڭ بىلەن ئۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى:
تەۋراتتىن شۇنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ، مۇقەددەمدە ئىنسانلارنى ياراتقۇچى
ئۇلارنى «ئەر ۋە ئايال قىلىپ ياراتتى» ۋە [5]«شۇ سەۋەبتىن ئەر كىشى
ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ، ئايالى بىلەن بىرلىشىپ ئىككىسى بىر
تەن بولىدۇ». [6]شۇنداق ئىكەن، ئەر-ئايال ئەمدى ئىككى تەن ئەمەس،
بەلكى بىر تەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا قوشقاننى ئىنسان
ئايرىمىسۇن.
[7]پەرىسىيلەر ئۇنىڭدىن يەنە:
ئۇنداقتا، مۇسا پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىدا ئەر كىشى ئۆز
ئايالىغا تالاق خېتىنى بەرسىلا ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ،

---

**1:19** مار. 1:10.

**3:19** مار. 2:10.

**4:19 «شۇنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ...؟»** ــ بۇ پەرىسىيلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبارىلەرنىڭ بىرى.

**4:19** يار. 17:1؛ 24:2؛ 2:5

**5:19** يار. 24:2؛ 1كور. 16:6؛ ئەف. 31:5.

**6:19** 1كور. 10:7.

**دەپ بۇيرۇغان؟ ــ دەپ سوراشتى.**
**8 ئۇ ئۇلارغا: ــ تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن مۇسا پەيغەمبەر ئاياللىرىڭلارنى**
**تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان؛ لېكىن ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا بۇنداق**
**ئەمەس ئىدى. 9 ئەمدى شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، ئايالىنى**
**بۇزۇقلۇقتىن باشقا بىرەر سەۋەب بىلەن تالاق قىلىپ، باشقا بىرىنى**
**ئەمرىگە ئالغان ھەرقانداق كىشى زىنا قىلغان بولىدۇ.**
**10 مۇخلىسلار ئۇنىڭغا:**
**ئەگەر ئەر بىلەن ئايالى ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋال شۇنداق بولسا،**
**ئۇنداقتا ئۆيلەنمەسلىك ياخشى ئىكەن، ــ دېدى.**
**11 ئۇ ئۇلارغا:**
**بۇ سۆزنى ھەممىلا ئادەم ئەمەس، پەقەت نېسىپ قىلىنغانلارلا قوبۇل**
**قىلالايدۇ. 12 چۈنكى ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدىن تۇغما بەزى ئاغۋاتلار**
**بار؛ ۋە ئىنسان تەرىپىدىن ئاختا قىلىنغان بەزى ئاغۋاتلارمۇ بار؛ ۋە**
**ئەرش پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاغۋات قىلغانلارمۇ بار. بۇ سۆزنى**
**قوبۇل قىلالايدىغانلار قوبۇل قىلسۇن! ــ دېدى.**

---

7:19 **«مۇسا پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىدا ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا تالاق خېتىنى بەرسىلا ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ»** ــ ئەمرنىڭ توغرىسى «قان.» 24:1دە تېپىلىدۇ

**7:19** قان. 24:1؛ يەر. 3:1.

**9:19 «ئىزاھات»** ــ بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە «تالاق قىلىنغان ئايالنى ئەمرىگە ئالغان كىشىمۇ زىنا قىلغان بولىدۇ» دېگەن سۆز قوشۇلىدۇ. 5:32نى كۆرۈڭ.

**9:19** مات. 5:32؛ مار. 10:11؛ لۇقا 16:18؛ 1كور. 7:10.

**10:19 «ئۇنداقتا ئۆيلەنمەسلىك ياخشى ئىكەن»** ــ دېمەك، مۇخلىسلارنىڭ ئويلىشىچە، تالاق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا («چىقىش يولى بولمىسا»)، ئۆيلىنىش ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىشتۇر

**11:19** 1كور. 7:7، 17.

**12:19 «ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدىن تۇغما بەزى ئاغۋاتلار بار»** ــ «تۇغما ئاغۋاتلار» بەلكىم تۇغما جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىزلارنى، ئىشقىسىز كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ «باشقىلار تەرىپىدىن ئاختا قىلىنغان» كونا زامانلاردا خان-پادىشاھلارنىڭ ئوردىلىرىدا ھەرەمنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئۈچۈن پىچىۋېتىلگەن ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. «ئەرشنىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى ئاغۋات قىلغانلار» بەلكىم خۇدانىڭ خىزمىتىدە كۆپرەك ۋاقىت بولاي دەپ ئۆيلىنىشتىن ۋاز كەچكەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## ئەيسا ۋە كىچىك باللار

مار. 10:13-16؛ لۇقا 18:15-17

[13] قولۇڭنى تەگكۈزۈپ دۇئا قىلغايسەن دەپ، بەزىلەر كىچىك باللىرىنى
ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بىراق مۇخلىسلار ئېلىپ كەلگەنلەرنى
ئەيىبلىدى. [14] ئەمما ئەيسا:
باللار مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرۈلسۇن، ئۇلارنى توسماڭلار. چۈنكى
ئەرش پادىشاھلىقى دەل مۇشۇنداقلارغا تەۋەدۇر، ــ دېدى. [15] ۋە
قوللىرىنى ئۇلارغا تەگكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ ئۇ يەردىن ئايرىلدى.

## پۇلدارلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلەمدۇ؟

مار. 10:17-31؛ لۇقا 18:18-30

[16] مانا، بىر كۈنى بىر سى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
ئۇستاز، مەن قانداق ياخشى ئىشنى قىلسام، مەڭگۈلۈك ھاياتقا
ئېرىشىمەن؟ ــ دەپ سورىدى.
[17] ئۇ ئۇنىڭغا:
نېمىشقا مەندىن ياخشىلىق توغرىسىدا سورايسەن؟ «ياخشى
بولغۇچىلار» بولسا پەقەت بىرىلا بار. ئەمما ھاياتلىققا كىرىمەن
دېسەڭ، ئەمرلەرگە ئەمەل قىل، ــ دېدى.
[18] قايسى ئەمرلەرگە دەيسەن؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.
ئەيسا ئۇنىڭغا:
«قاتىللىق قىلما، زىنا قىلما، ئوغرىلىق قىلما، يالغان گۇۋاھلىق
بەرمە، [19] ئاتا-ئاناڭغا ھۆرمەت قىل ۋە قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك

---

**13:19** مار. 10:13؛ لۇقا 15:18.

**14:19** **«ئەرش پادىشاھلىقى دەل مۇشۇنداقلارغا تەۋەدۇر»** ــ ياكى «ئەرش پادىشاھلىقى دەل مۇشۇنداقلاردىن تەركىب تاپقاندۇر».

**14:19** مات. 18:3؛ 1كور. 14:20؛ 1پېت. 2:2.

**16:19** مار. 10:17؛ لۇقا 18:18.

**18:19** مىس. 20:12؛ لاۋ. 19:18؛ قان. 5:16-20؛ رىم. 13:9.

سۆي» ــ دېدى.
[20] ياش يىگىت ئۇنىڭغا: ــ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىپ
كېلىۋاتىمەن. ئەمدى ماڭا يەنە نېمە كەم؟ ــ دېدى.
[21] ئەيسا ئۇنىڭغا:
ئەگەر مۇكەممەل بولۇشنى خالىساڭ، بېرىپ بار-يوقۇڭنى سېتىپ،
پۇلىنى كەمبەغەللەرگە بەرگىن. شۇنىڭ بىلەن ئەرشتە خەزىنەڭ
بولىدۇ. ئاندىن كېلىپ ماڭا ئەگەشكىن، ــ دېدى.
[22] يىگىت مۇشۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قايغۇغا چۆمۈپ ئۇ يەردىن كېتىپ
قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ مال-مۈلكى ناھايىتى كۆپ ئىدى. [23] ئەيسا
مۇخلىسلىرىغا:
مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، بايلارنىڭ ئەرش
پادىشاھلىقىغا كىرىشى تەسلىكتىلا بولىدۇ. [24] ۋە يەنە شۇنى سىلەرگە
ئېيتايكى، تۆگىنىڭ يىڭنىنىڭ كۆزىدىن ئۆتۈشى باي ئادەمنىڭ
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشىدىن ئاساندۇر! ــ دېدى.
[25] مۇخلىسلار بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن بەك ھەيران بولۇشۇپ:
ئۇنداقتا، كىم نىجاتقا ئېرىشەلەيدۇ؟ ــ دەپ سوراشتى.
[26] ئەمما ئەيسا ئۇلارغا قاراپ:
بۇ ئىش ئىنسان بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن
خۇداغا نىسبەتەن ھەممە ئىش مۇمكىن بولىدۇ، ــ دېدى.

---

19:19 **«قاتىللىق قىلما، زىنا قىلما، ئوغرىلىق قىلما، يالغان گۇۋاھلىق بەرمە، ئاتا-ئاناڭغا ھۆرمەت قىل ۋە قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي»** ــ (18-19-ئايەت) ئوقۇرمەنلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلغان بولۇشى مۇمكىنكى، ئەيسا «ئون پەرمان» ئىچىدىكى خۇداغا مۇناسىۋەتلىك پەرمانلارنى ياكى «(قوشناڭنىڭ نەرسىلىرىنى) تاما قىلما» دېگەن پەرماننى تىلغا ئالغىنى يوق.

**19:19** لاۋ. 17:19؛ مات. 39:22؛ مار. 31:12؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2.

**21:19** مات. 19:6؛ لۇقا 33:12؛ 9:16؛ 1تىم. 19:6.

**23:19** پەند. 28:11؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18.

26:19 **«خۇداغا نىسبەتەن ھەممە ئىش مۇمكىن بولىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا: «خۇدا بىلەن ھەممە ئىش مۇمكىن بولىدۇ».

**26:19** ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ لۇقا 37:1؛ 27:18.

27 بۇنىڭ بىلەن پېترۇس ئۇنىڭغا:
مانا، بىز ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ساڭا ئەگەشتۇق! بىز بۇنىڭ ئۈچۈن
نېمىگە ئېرىشىمىز؟ ــ دەپ سورىدى.
28 ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئالەمدىكى ھەممە
قايتىدىن يېڭىلانغىنىدا، ئىنسانئوغلى شانلىق تەختىدە ئولتۇرغان
ۋاقتىدا، ماڭا ئەگەشكەن سىلەر ئون ئىككى تەختتە ئولتۇرۇپ،
ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە ھۆكۈم چىقىرىسىلەر.
29 مېنىڭ نامىم دەپ ئۆيلەر، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلىرى،
ئاتا-ئانىسى، ئايالى، بالىلىرى ياكى يەر-زېمىنلاردىن ۋاز
كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا يۈز ھەسسە ئارتۇق ئېرىشىدۇ ۋە
مەڭگۈلۈك ھاياتقا مىراس بولىدۇ. 30 لېكىن شۇ چاغدا نۇرغۇن ئالدىدا
تۇرغانلار ئارقىغا ئۆتىدۇ، نۇرغۇن ئارقىدا تۇرغانلار ئالدىغا ئۆتىدۇ.

## ئۈزۈمزارلىقتىكى ئىشلەمچىلەر

20 1 ــ چۈنكى ئەرش پادىشاھلىقى بىر يەر ئىگىسىگە ئوخشايدۇ.
ئىگىسى ئۈزۈمزارلىقىدا ئىشلەشكە ئادەملەرنى ياللاش
ئۈچۈن تاڭ سەھەردە سىرتقا چىقىپتۇ. 2 ئۇ ئىشلەمچىلەر بىلەن
كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر كۈمۈش دىناردىن بېرىشكە كېلىشىپ، ئۇلارنى
ئۈزۈمزارلىقىغا ئەۋەتىپتۇ.

**27:19** مات. 20:4؛ مار. 28:10؛ لۇقا 11:5؛ 28:18.

**28:19** لۇقا 30:22.

29:19 **«مېنىڭ نامىم دەپ ئۆيلەر، ئاكا-ئۇكا، ... ياكى يەر-زېمىنلاردىن ۋاز كەچكەنلەر...»** ــ گرېك تېكستىدا «مېنىڭ نامىم ئۈچۈن ئۆيلەر، ئاكا-ئۇكا... ياكى يەر-زېمىنلاردىن ۋاز كەچكەنلەر...»

**29:19** قان. 9:33؛ ئايۇپ 12:42.

**30:19** مار. 31:10؛ لۇقا 30:13.

2:20 **«ئۇ ئىشلەمچىلەر بىلەن كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر كۈمۈش دىناردىن بېرىشكە كېلىشىپ...»** ــ «بىر كۈمۈش دىنار» گرېك تېكستىدا «بىر دىنارىئۇس».

[3] سائەت توققۇزلاردا ئۇ يەنە سىرتقا چىقىپ، بازاردا بىكار تۇرغان باشقا
كىشىلەرنى كۆرۈپتۇ. [4] ئۇلارغا: «سىلەرمۇ ئۈزۈمزارلىقىمغا بېرىڭلار،
ھەققىڭلارغا تېگىشلىكىنى بېرىمەن» ــ دەپتۇ. [5] ئۇلار ئۈزۈمزارلىققا
بېرىپتۇ. چۈشتە ۋە سائەت ئۈچتىمۇ ئۇ يەنە چىقىپ يەنە شۇنداق
قىلىپتۇ. [6] لېكىن كەچقۇرۇن سائەت بەشلەردە چىققاندا ئۇ يەردە
تۇرغان يەنە باشقىلارنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن: «نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە كۈن
بويى بىكار تۇرىسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. [7] ئۇلار: «بىزنى ھېچكىم
ياللىمىدى» دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇلارغا: «ئۇنداقتا، سىلەرمۇ
ئۈزۈمزارلىقىمغا بېرىپ ئىشلەڭلار» ــ دەپتۇ.
[8] كەچ بولغاندا، ئۈزۈمزارلىق ئىگىسى غوجىدارىغا: «ئىشلەمچىلەرنى
چاقىرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەنلەردىن باشلاپ ئەڭ ئاۋۋال
كەلگەنلەرگىچە ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەر» دەپتۇ. [9] ئاۋۋال
كەچقۇرۇن سائەت بەشتە ئىشقا كەلگەنلەر كېلىپ، ھەربىرى بىر
كۈمۈش دىناردىن ئېلىپتۇ. [10] ئەڭ ئاۋۋال ياللاپ كېلىنگەنلەرنىڭ
نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇلار: تېخىمۇ كۆپ ئىش ھەققى ئالىمىزغۇ، دەپ
ئويلىشىپتۇ؛ بىراق ئۇلارمۇ بىر كۈمۈش دىناردىن ئېلىپتۇ. [11] ئۇلار ئىش
ھەققىنى ئالغىنى بىلەن يەر ئىگىسىدىن ئاغرىنىپ: [12] «بۇ ئاخىردا
كەلگەنلەر پەقەت بىر سائەتلا ئىشلىدى، بىراق سىز ئۇلارنى كۈن
بويى جاپالىق ۋە قاتتىق ئىسسىقنى چەككەن بىزلەر بىلەن باراۋەر
ھېسابلىدىڭىزغۇ، دەپ غۇدۇرىشىپتۇ. [13] لېكىن يەر ئىگىسى ئۇلارنىڭ

---

3:20 **«سائەت توققۇزلاردا»** ــ گرېكچە «كۈننىڭ ئۈچىنچى سائىتى» ــ يەنى سائەت توققۇزنى كۆرسىتىدۇ. يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈن «تولۇق كۈن» (24 سائەت) كەچ سائەت ئالتىدا باشلىنىدۇ؛ كەچتە «جېسەك» ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن كەچ سائەت ئالتىگىچە «كۈندۈز» دېيىلىدۇ، كۈندۈز ئون ئىككى سائەتكە بۆلۈنىدۇ (مىسالنى تەۋرات، «يار.» 5:1تىن كۆرگىلى بولىدۇ).

5:20 **«چۈشتە ۋە سائەت ئۈچتىمۇ ئۇ يەنە چىقىپ يەنە شۇنداق قىلىپتۇ»** ــ «چۈشتە» ــ ئەينى سۆز بويىچە كۈننىڭ «ئالتىنچى سائىتىدە» ۋە «سائەت ئۈچتە» كۈننىڭ «توققۇزىنچى سائىتىدە» (چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە) دېيىلىدۇ.

6:20 **«كەچقۇرۇن سائەت بەشلەردە»** ــ گرېكچە «كۈننىڭ ئون بىرىنچى سائىتى ئەتراپىدا»، يەنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە.

بىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ: «بۇرادەر، ساڭا ناھەقلىق قىلغىنىم يوق!
سەن بىلەن بىر كۈمۈش دىنارغا كېلىشمىگەنمىدۇق؟ [14] ھەققىڭنى
ئېلىپ قايتىپ كەتكىن. بۇ ئاخىردا كەلگەنگىمۇ ساڭا ئوخشاش
بەرگۈم بار. [15] ئۆزۈمنىڭكىنى ئۆزۈم بىلگەنچە ئىشلىتىش ھوقۇقۇم
يوقمۇ؟ سېخىي بولغانلىقىمغا كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدۇ؟ [16] شۇنداق
قىلىپ «ئالدىدا تۇرغانلار ئارقىغا ئۆتىدۇ، ئارقىدا تۇرغانلار ئالدىغا
ئۆتىدۇ»؛ چۈنكى چاقىرىلغانلار كۆپ، ئەمما تاللانغانلار ئاز بولىدۇ.

## ئەيسا ئۆلۈپ تىرىلىدىغانلىقىنى يەنە ئالدىن ئېيتىدۇ

مار. 34-32:10؛ لۇقا 34-31:18

[17] ئەيسا يېرۇسالېمغا چىقىۋېتىپ، يولدا ئون ئىككى مۇخلىسىنى بىر
چەتكە تارتىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
[18] — مانا بىز ھازىر يېرۇسالېمغا چىقىپ كېتىۋاتىمىز. ئىنسانئوغلى
باش كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئۇنى
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ [19] ئاندىن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، قامچىلاپ
ۋە كرېستلەشكە يات ئەللىكلەرگە تاپشۇرىدۇ. لېكىن ئۇ ئۈچىنچى
كۈنى قايتا تىرىلىدۇ.

## ئانىنىڭ تەلىپى

مار. 45-35:10

[20] شۇ چاغدا، زەبەدىينىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئانىسى ئىككى ئوغلىنى
ئېلىپ، ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى تەلەپ

---

16:20 **«چۈنكى چاقىرىلغانلار كۆپ، تاللانغانلار ئاز بولىدۇ»** — مۇشۇ سۆزلەر بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ.

**16:20** مات. 30:19؛ 14:22؛ مار. 31:10؛ لۇقا 30:13.

17:20 **«يېرۇسالېمغا چىقىۋېتىپ...»** — «يېرۇسالېمغا بېرىش» ھەردائىم «يېرۇسالېم چىقىش» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

**17:20** مار. 32:10؛ لۇقا 31:18؛ 7:24.

**19:20** مات. 2:27؛ لۇقا 1:23؛ يۇھ. 28:18، 31؛ روس. 23:3.

قىلماقچى بولۇپ سەجدە قىلدى.
[21] نېمە تەلىپىڭ بار؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.
ئايال ئۇنىڭغا:
شۇنى ئەمر قىلغايسەنكى، سېنىڭ پادىشاھلىقىڭدا بۇ ئىككى ئوغلۇمدىن بىرى ئوڭ يېنىڭدا، بىرى سول يېنىڭدا ئولتۇرسۇن، ــ دېدى.
[22] ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن: ــ سىلەر نېمە تەلەپ قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلمەيۋاتىسىلەر. مەن ئىچىشكە تەمشەلگەن قەدەھنى ئىچەلەمسىلەر؟ ــ دېدى.
ئىچەلەيمىز، ــ دېيىشتى ئۇلار.
[23] ئۇ ئۇلارغا:
سىلەر ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ قەدەھىمدىن ئورتاق ئىچىسىلەر. بىراق ئوڭ ياكى سول يېنىمدا ئولتۇرۇش نېسىۋىسى مېنىڭ ئىختىيارىمدا ئەمەس، بەلكى ئاتام كىملەرگە تەييارلىغان بولسا، شۇلارغا نېسىپ بولىدۇ. [24] قالغان ئون مۇخلىس بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندا، ئىككى قېرىندىشىدىن خاپا بولدى. [25] لېكىن ئەيسا ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ، مۇنداق دېدى:
سىلەرگە مەلۇمكى، ئەللەردىكى ھۆكۈمرانلار قول ئاستىدىكىلەر ئۈستىدىن بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، ۋە ئۇلارنىڭ

---

20:20 **«زەبەدىينىڭ ئوغۇللىرى»** ــ ئەيسا چاقىرغان ئون ئىككى روسۇلدىن ئىككىسى، يەنى يۇھاننا ۋە ياخۇپ. 4:21 ۋە 10:2نى كۆرۈڭ. **«بىر ئىشنى تەلەپ قىلماقچى بولۇپ سەجدە قىلدى»** ــ ياكى «بىر ئىشنى تەلەپ قىلماقچى بولۇپ تىزلىنىپ باش ئۇردى».

**20:20** مار. 35:10.

22:20 **«مەن ئىچىشكە تەمشەلگەن قەدەھنى ئىچەلەمسىلەر؟»** ــ بۇ ئايەتتىكى «قەدەھ» دېگەن سۆز، ئەيسانىڭ تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبىتى ۋە كرېستتىكى ئۆلۈمىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**22:20** لۇقا 12: 49، 50؛ رىم. 26:8.

**23:20** مات. 34:25.

هوقۇقدارلىرى ئۇلارنى خوجايىنلارچە ئىداره قىلىدۇ. [26]بىراق
سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا شۇنداق بولمىسۇن؛ بەلكى سىلەردىن كىم
ئۇستۈن بولۇشنى خالىسا، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولسۇن؛ [27]ۋە
كىم ئاراڭلاردىكىلەرنىڭ ئالدىنقىسى بولۇشنى خالىسا، سىلەرنىڭ
قۇلۇڭلار بولسۇن. [28]ئىنسانئوغلىمۇ دەرۋەقە شۇ يولدا كۆپچىلىك
خىزمىتىمدە بولسۇن دېمەي، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىدە بولاي
ۋە جېنىمنى پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى ھۆرلۈككە
ئېرىشتۈرەي دەپ كەلدى.

## ئەيسانىڭ ئىككى ئەمانى ساقايتىشى

مار. 10:46-52؛ لۇقا 18:35-43

[29]ئۇلار يېرىخو شەھىرىدىن چىققاندا، زور بىر توپ ئادەملەر ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ ماڭدى. [30]ۋە مانا، يول بويىدا ئولتۇرغان ئىككى ئەما
ئەيسانىڭ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ:
ئى رەب، داۋۇتنىڭ ئوغلى، بىزگە رەھىم قىلغايسەن، ــ دەپ توۋلىدى.
[31]كۆپچىلىك ئۇلارنى «ئۈن چىقارماڭلار!» دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن،
ئۇلار: ــ يا رەب، ئى داۋۇتنىڭ ئوغلى، بىزگە رەھىم قىلغايسەن! ــ دەپ
تېخىمۇ قاتتىق توۋلىدى.
[32]ئەيسا قەدىمىنى توختىتىپ، ئۇلارنى چاقىرىپ:

---

20:25 **«ئەللەردىكى ھۆكۈمرانلار قول ئاستىدىكىلەر ئۈستىدىن بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ»** ــ «ئەللەر» مۇشۇ يەردە «يات ئەللەر»، «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نى (يەنى خۇدادىن قورقمايدىغان بۇتپەرەسلەرنى) كۆرسىتىدۇ.

**20:25** مار. 10:42؛ لۇقا 22:25.

**20:26** 1پېت. 5:3.

**20:27** مات. 23:11؛ مار. 9:35؛ 10:43.

20:28 **«... جېنىمنى پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرەي»** ــ نېمىدىن «ھۆرلۈك»كە ئېرىشىدۇ؟ ــ گۇناھتىن بولغان ھۆرلۈك.

**20:28** لۇقا 22:27؛ يـۇھ. 13:14؛ ئەف. 1:7؛ فىل. 2:7؛ 1تىم. 2:6؛ 1پېت. 1:19

**20:29** مار. 10:46؛ لۇقا 18:35.

سىلەر ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرىشىمنى خالايسىلەر؟ ــ دەپ
سورىدى.
33 يا رەب، كۆزلىرىمىز ئېچىلسۇن! ــ دېيىشتى ئۇلار.
34 ئەيسا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، قولىنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە
تەگكۈزۈۋىدى، كۆزلىرى شۇئان ئەسلىگە كېلىپ كۆرىدىغان بولدى؛
ئۇلار دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

## ئەيسانىڭ يېرۇسالېمغا تەنتەنىلىك كىرىشى

مار. 1:11-11؛ لۇقا 28:19-38؛ يۇھ. 12:12-19

21 1 ئۇلار يېرۇسالېمغا يېقىنلىشىپ، زەيتۇن تېغىنىڭ
ئېتىكىدىكى بەيت-فاگى يېزىسىغا كەلگىنىدە، ئەيسا
ئىككى مۇخلىسىغا مۇنۇلارنى تاپىلاپ ئالدىن ئەۋەتتى:
2 ــ سىلەر ئۇدۇلۇڭلاردىكى يېزىغا بېرىڭلار. بارساڭلارلا، باغلاقلىق بىر
ئېشەك ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر تەخەينى كۆرىسىلەر. ئۇلارنى يېشىپ
ئالدىمغا يېتىلەپ كېلىڭلار. 3 ئەگەر بىرسى سىلەرگە بىر نېمە دېسە،
«رەببىنىڭ بۇلارغا ھاجىتى چۈشتى» دەڭلار، ئۇ دەرھال ئۇلارنى قويۇپ
بېرىدۇ.
4 بۇ پۈتۈن ۋەقە پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزلەرنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولدى: ــ

5 «زىئون قىزىغا ئېيتىڭلار:
مانا، پادىشاھىڭ كېلىۋاتىدۇ،
كەمتەر-مۆمىن بولۇپ، مىنىپ بىر ئېشەككە،

1:21 مار. 1:11؛ لۇقا 29:19.
2:21 زەب. 1:24

بويۇنتۇرۇقلۇق ئېشەكنىڭ تەخىيگە،
كېلىۋاتىدۇ يېنىڭغا سېنىڭ».

[6] ئەمدى ھېلىقى ئىككى مۇخلىس بېرىپ ئەيسانىڭ تاپىلىغىنىدەك
قىلدى. [7] ئېشەك بىلەن تەخەيىنى يېتىلەپ كېلىپ، ئۈستىگە
يېپىنچا-چاپانلىرىنى سالدى ۋە ئۇ ئۈستىگە مىندى. [8] ئەمدى توپ-
توپ كىشىلەر يېپىنچا-چاپانلىرىنى يولغا پايانداز قىلىپ سالدى؛
يەنە بىر قىسمى دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ يولغا ياياتتى. [9] ئالدىدا
ماڭغان ۋە كەينىدىن ئەگەشكەن توپ-توپ خالايىق: ــ

«داۋۇتنىڭ ئوغلىغا ھوسانىنا بولغاي!
پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچىگە مۇبارەك بولسۇن!
ئەرشئەلادا تەشەككۈر-ھوساننالار ئوقۇلسۇن!» ــ دەپ ۋارقىرىشاتتى.

[10] ئۇ يېرۇسالېمغا كىرگەندە، پۈتكۈل شەھەر لەرزىگە كەلدى. كىشىلەر:
ــ بۇ زادى كىمدۇ؟ ــ دېيىشەتتى.

---

5:21 **«زىئون قىزىغا ئېيتىڭلار: ـــ مانا، پادىشاھىڭ كېلىۋاتىدۇ، كەمتەر-مۆمىن بولۇپ، مىنىپ بىر ئېشەككە، بويۇنتۇرۇقلۇق ئېشەكنىڭ تەخىيگە، كېلىۋاتىدۇ يېنىڭغا سېنىڭ»** ــ بېشارەت «زەك.» 9:9دىن ئېلىنغان. «زىئون» ــ يېرۇسالېم جايلاشقان تاغنى كۆرسىتىدۇ.

**5:21** 1پاد. 1:38-40؛ يەش. 11:62؛ زەك. 9:9؛ يۇھ. 12:15.

7:21 **«... ئۈستىگە يېپىنچا-چاپانلىرىنى سالدى»** ــ دېمەك، ئېگىرى يوق ئىدى.

**7:21** 2پاد. 9:13؛ يۇھ. 12:14.

9:21 **«داۋۇتنىڭ ئوغلىغا ھوسانىنا بولغاي! پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچىگە مۇبارەك بولسۇن! ئەرشئەلادا تەشەككۈر-ھوساننالار ئوقۇلسۇن!»** ــ بۇ سۆزلەر «زەب.» 118:25-26دىكى بېشارەتتىن ئېلىنغان.
—«ھوساننا» دېگەن سۆز «قۇتقۇزغايسەن، ئى پەرۋەردىگار» دېگەن مەنىدە. ئىنجىل دەۋرىگە كەلگەندە «خۇداغا تەشەككۈر-ھەمدۇسانا» دېگەن مەنىدىمۇ بولغان. «زەبۇر» 118-كۈيدىكى ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ.

**9:21** زەب. 118:25-26

**10:21** زەب. 24:8، 10

[11] خالايىق:
بۇ گالىلىيە ئۆلكىسىدىكى ناسارەتلىك پەيغەمبەر ئەيسا، دەپ جاۋاب
بېرىشەتتى.

## ئەيسانىڭ ئىبادەتخانىنى سودا-سېتىقتىن تازلىشى

مار. 11:15-19؛ لۇقا 19:45-48؛ يۇھ. 2:13-22

[12] ئەمدى ئەيسا ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا كىرىپ، ئۇ يەردە ئېلىم-
سېتىم قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ چىقاردى. پۇل
تېگىشكۈچىلەرنىڭ شىرەلىرىنى ۋە پاختەك-كەپتەر ساتقۇچىلارنىڭ
ئورۇندۇقلىرىنى ئۆرۈپ، [13] ئۇلارغا:
مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدانىڭ: «مېنىڭ ئۆيۈم دۇئا-تىلاۋەتخانا دەپ
ئاتىلىدۇ» دېگەن سۆزى پۈتۈلگەن؛ لېكىن سىلەر ئۇنى بۇلاڭچىلارنىڭ
ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋاپسىلەر! ــ دېدى.
[14] ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدا بولغاندا قارىغۇ ۋە توكۇرلار ئۇنىڭ ئالدىغا
كەلدى، ئۇ ئۇلارنى ساقايتتى. [15] لېكىن باش كاھىنلار بىلەن تەۋرات

---

12:21 **«ئەمدى ئەيسا ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا كىرىپ...»** ــ ئىبادەتخانا ــ ئەينى چاغدا، يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن ئىبادەتخانىلىرى (سىناگوگلار) ئىدى؛ مۇشۇ يەردە كۆرسىتىلگەن «ئىبادەتخانا» يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ كۆپ يىغىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان جايى ئىدى. مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، پەقەت «خۇدا ئۆز نامىنى قويغان» يېرۇسالېمدىكى بۇ مەركىزىي ئىبادەتخانىدىلا قۇربانلىق قىلىسا توغرا بولاتتى.
**12:21** قان. 14:26؛ مار. 11:15؛ لۇقا 19:45؛ يۇھ. 2:14.
13:21 **«مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدانىڭ: «مېنىڭ ئۆيۈم دۇئا-تىلاۋەتخانا دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن سۆزى پۈتۈلگەن؛ لېكىن سىلەر ئۇنى بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋاپسىلەر!»** ــ تەۋرات، «يەش.» 7:56 ۋە «يەر.» 11:7نى كۆرۈڭ. ئەيسانىڭ «بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسى» دېگەن سۆزى ئىككى بىسلىق بولۇپ، بىر تەرەپتىن باش كاھىنلارنىڭ سودىگەرلەرگە قۇربانلىقلارنى سېتىش ھوقۇقىنى سېتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ كاھىنلارنىڭ خەلقنىڭ خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى ئاڭلاش پۇرسىتىنى بۇلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ھەر تۈرلۈك قائىدە-يوسۇنلارنى ئۇلارنىڭ بوينىغا ئارتىپ قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
**13:21** 1پاد. 8:29؛ يەش. 7:56؛ يەر. 11:7؛ لۇقا 19:46.

ئۇستازلىرى ئۇنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ ۋە بالىلارنىڭ
ئىبادەتخانىدا: «داۋۇتنىڭ ئوغلىغا ھوساننا-تەشەككۇرلەر بولغاي!»
دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى. [16] ئۇلار ئۇنىڭغا:
بۇ بالىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
ئۇ ئۇلارغا: ــ ئاڭلاۋاتىمەن! سىلەر مۇقەددەس يازمىلاردىن شۇنى ئوقۇپ
باقمىغانكى، «ئۆزۈڭگە كىچىك بالىلار ۋە بوۋاقلارنىڭ تىللىرىدىن
مەدھىيە سۆزلىرىنى مۇكەممەل قىلدىڭ»» دېدى.
[17] ئاندىن ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ، شەھەردىن چىقىپ بەيت-ئانىيا
يېزىسىغا بېرىپ، شۇ يەردە قوندى.

## ئەنجۈر دەرىخىنى ئەيىبلەش

**مار. 11:12-14، 20-24**

[18] ئەمدى سەھەردە، شەھەرگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قورسىقى
ئاچقاندى. [19] ئۇ يول بويىدىكى بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرۈپ،
ئۇنىڭ يېنىغا باردى. لېكىن دەرەختىن يوپۇرماقتىن باشقا ھېچ نەرسە
تاپالماي، ئۇنىڭغا قاراپ:
ھازىردىن باشلاپ سەندىن مەڭگۈ مېۋە بولمىسۇن! ــ دېۋىدى، ئەنجۈر

---

**15:21** مار. 11:27.

**16:21** **«سىلەر مۇقەددەس يازمىلاردىن شۇنى ئوقۇپ باقمىغانكى...»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «شۇنى ئوقۇپ باقمىغانكى،...؟» دېگەن ئىبارە پەرىسىيلەر ۋە سادۇقىيلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبارىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. **«ئۆزۈڭگە كىچىك بالىلار ۋە بوۋاقلارنىڭ تىللىرىدىن مەدھىيە سۆزلىرىنى مۇكەممەل قىلدىڭ»** ــ «زەب.» 8:2.

**16:21** زەب. 8:2

**18:21** مار. 11:12، 20.

دەرىخى شۇئان قۇرۇپ كەتتى.
[20] مۇخلىسلار بۇنى كۆرۈپ تەئەججۇپلىنىپ:
ئەنجۈر دەرىخى نېمانچە تېزلا قۇرۇپ كەتتى! ــ دېدى.
[21] ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بەردى:
مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئەگەر ھېچ گۇمان
بولماي ئىشەنچىڭلار بار بولسا، ئەنجۈر دەرىخىدە بولغان ئىشلار
بولۇپلا قالماي، بەلكى سىلەر ھەتتا بۇ تاغقا: «بۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ
دېڭىزغا تاشلان!» دېسەڭلار، ئۇ شۇنداق بولىدۇ. [22] دۇئا قىلىپ نېمىنى
تىلىسەڭلار، ئىشەنچىڭلار بولسىلا، شۇلارغا ئېرىشىسىلەر.

## ئەيسانىڭ ھوقۇقىنىڭ سورۇشتۇرۇلۇشى

مار. 11:27-33؛ لۇقا 20:1-8

[23] ئۇ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا كىرگەندىن كېيىن، كىشىلەرگە تەلىم
بېرىۋاتقاندا، باش كاھىنلار ۋە ئاقساقاللار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
سەن قىلىۋاتقان بۇ ئىشلارنى قايسى ھوقۇققا تايىنىپ قىلىۋاتىسەن؟
ساڭا بۇ ھوقۇقنى كىم بەرگەن؟ ــ دەپ سوراشتى.
[24] ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەن ئاۋۋال سىلەرگە بىر سوئال
قوياي. ئەگەر سىلەر جاۋاب بەرسەڭلار، مەنمۇ بۇ ئىشلارنى قايسى

---

**19:21 «ئۇ يول بويىدىكى بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى. لېكىن دەرەختىن يوپۇرماقتىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالماي، ئۇنىڭغا قاراپ: ــ ھازىردىن باشلاپ سەندىن مەڭگۈ مېۋە بولمىسۇن! ــ دېۋىدى، ئەنجۈر دەرىخى شۇئان قۇرۇپ كەتتى»** ــ پەلەستىندىكى ئەنجۈر دەرەخلىرىدە يوپۇرماق بولسا، مېۋىمۇ بولۇشى كېرەك. بۇ كارامەت مۆجىزە روھىي بىر ھەقىقەتنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

**19:21** ھوش. 10:9.

**20:21 «ئەنجۈر دەرىخى نېمانچە تېزلا قۇرۇپ كەتتى!»** ــ ياكى «ئەنجۈر دەرىخى قانداقمۇ بىردىنلا قۇرۇپ كەتتى!»

**21:21** مات. 20:17؛ لۇقا 6:17.

**22:21** مات. 7:7؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3.

**23:21** مىس. 14:2؛ مار. 27:11؛ لۇقا 1:20؛ روس. 7:4؛ 2:7.

ھوقۇقىقا تايىنىپ قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتىمەن. [25]يەھيا يۇرگۈزگەن
چۆمۈلدۈرۈش نەدىن كەلگەن؟ ئەرشتىنمۇ، ياكى ئىنسانلاردىنمۇ؟ ــ
دەپ سورىدى.
ئۇلار ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىشىپ:
ئەگەر «ئەرشتىن كەلگەن» دېسەك، ئۇ بىزگە: «ئۇنداقتا، سىلەر نېمە
ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىڭلار؟» دەيدۇ. [26]ئەگەر: «ئىنسانلاردىن
كەلگەن» دېسەك، خەلقتىن قورقىمىز، چۈنكى ئۇلار ھەممىسى
يەھيانى پەيغەمبەر دەپ بىلىدۇ ــ دېيىشتى.
[27]بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەيساغا:
بىلمەيمىز، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.
ئۇنداقتا، مەنمۇ بۇ ئىشلارنى قايسى ھوقۇقىقا تايىنىپ
قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتمايمەن، ــ دېدى ئۇ ئۇلارغا.

## ئىككى ئوغۇل توغرىسىدىكى تەمسىل

[28]ئەمدى بۇ ئىشقا قانداق قارايسىلەر؟ بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى
بار ئىكەن. ئۇ بىرىنچى ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئوغلۇم، بۈگۈن
ئۈزۈمزارلىقىمغا بېرىپ ئىشلىگىن» دەپتۇ. [29]«بارمايمەن» دەپتۇ
ئۇ، لېكىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ يەنىلا بېرىپتۇ. [30]ئۇ ئىككىنچى
ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق دەپتۇ. ئۇ: «خوپ
ئەپەندىم، باراي» دەپتۇ-يۇ، لېكىن بارماپتۇ. [31]بۇ ئىككىيلەننىڭ
قايسىسى ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ؟
بىرىنچى ئوغلى، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.
ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

---

**25:21 «يەھيا يۇرگۈزگەن چۆمۈلدۈرۈش نەدىن كەلگەن؟ ئەرشتىنمۇ، ياكى ئىنسانلاردىنمۇ؟»**
ــ مۇشۇ دىنىي ئەربابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەھيا پەيغەمبەرنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە جاۋابەن:
«بىزگە توۋا قىلىش كېرەك ئەمەس» دېگەن ۋە يەھيا «مېنىڭ كەينىمدە كېلىدىغان» دەپ كۆرسەتكەن
مەسىھنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈشىنى رەت قىلغانىدى.
**26:21** مات. 5:14؛ مار. 20:6.

مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، باجگىرلار بىلەن
پاھىشىلەر خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا سىلەردىن بۇرۇن كىرمەكتە.
[32] چۈنكى گەرچە يەھيا پەيغەمبەر سىلەرگە ھەققانىيەت يولىنى ئايان
قىلغىلى كەلگەن بولسىمۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىڭلار؛ لېكىن
باجگىرلار بىلەن پاھىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەندى. سىلەر بۇنى كۆرۈپ
تۇرۇپ، ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا يولۇڭلاردىن پۇشايمان قىلماي
ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىڭلار.

## رەزىل باغۋەنلەر ھەققىدىكى تەمسىل

مار. 12:1-12؛ لۇقا 20:9-19

[33] يەنە بىر تەمسىلنى ئاڭلاڭلار: بىر يەر ئىگىسى بىر ئۈزۈمزارلىق
بەرپا قىلىپ، ئەتراپىنى چىتلاپتۇ. ئۇ ئۇنىڭدا بىر شاراب كۆلچىكى
قېزىپتۇ ۋە بىر كۆزەت مۇنارى ياساپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۈزۈمزارلىقنى
باغۋەنلەرگە ئىجارىگە بېرىپ، ئۆزى ياقا يۇرتقا كېتىپتۇ. [34] ئۈزۈم
پەسلى يېقىنلاشقاندا، ئۆزىگە تېگىشلىك ھوسۇلنى ئېلىۋېلىش
ئۈچۈن قۇللىرىنى باغۋەنلەرنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. [35] لېكىن باغۋەنلەر
قۇللىرىنى تۇتۇپ، بىرىنى دۇمبالاپتۇ، بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، يەنە
بىرىنى چالما-كېسەك قىلىپتۇ. [36] ئۇ يەنە بىر قېتىم ئالدىنقىدىنمۇ

21:31 **«باجگىرلار بىلەن پاھىشىلەر...»** ــ «باجگىرلار» توغرىسىدا 18:18دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«باجگىرلار بىلەن پاھىشىلەر خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا سىلەردىن بۇرۇن كىرمەكتە»** ــ «كىرمەكتە» دېگەن سۆزگە قارىغاندا، «باجگىرلار ۋە پاھىشىلەر» ئاۋۋال يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھ-گۇۋاھلىقى ئارقىلىق توۋا قىلغان، ئاندىن ئەيسى چاغدا مەسىھنىڭ ئاگاھ-گۇۋاھلىقى ئارقىلىق خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا تېخىمۇ كىرىۋاتقاندى.

21:32 **«سىلەرگە ھەققانىيەت يولىنى ئايان قىلغىلى كەلگەن ...»** ــ ياكى «سىلەرگە ھەققانىيەت يولىنى ئېلىپ بارغىلى كەلگەن». گرېك تىلىدا پەقەت: «سىلەرگە ھەققانىيەت يولىدا كەلگەن...» دېيىلىدۇ.

**21:32** مات. 3:1.

**21:33** زەب. 80:8-9؛ يەش. 5:1-7؛ يەر. 2:21؛ 12:10؛ مار. 12:1؛ لۇقا 20:9.

**21:35** 2تار. 24:21.

كۆپ قۇللىرىنى ئەۋەتىپتۇ، بىراق باغۋەنلەر ئۇلارغىمۇ ئوخشاش
مۇئامىلە قىلىپتۇ. 37 ئاخىردا، ئۇ «ئوغلۇمنىغۇ ھۆرمەت قىلار» دەپ،
ئوغلىنى ئەۋەتىپتۇ. 38 لېكىن باغۋەنلەر ئوغۇلنى كۆرۈپ، ئۆزئارا:
«بۇ بولسا مىراسخور؛ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ مىراسىنى
ئىگىلىۋالايلى» دېيىشىپتۇ. 39 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ
ئۈزۈمزارلىقنىڭ سىرتىغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.
40 ئەمدى ئۈزۈمزارلىقنىڭ ئىگىسى كەلگەندە، شۇ باغۋەنلەرنى قانداق
قىلار؟
41 ئۇلار ئۇنىڭغا:
بۇ رەزىل ئادەملەرنى ۋەھشىيلىك بىلەن يوقىتىدۇ. ئۈزۈمزارلىقنى
بولسا مېۋىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە تاپشۇرىدىغان باشقا
باغۋەنلەرگە ئىجارىگە بېرىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.
42 ئەيسا ئۇلاردىن سورىدى:
مۇقەددەس يازمىلاردىكى مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ باقمىغانمۇسىلەر؟: ـ
«تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش بولسا،
بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەندى.
بۇ ئىش پەرۋەردىگاردىندۇر،
بۇ كۆزىمىز ئالدىدا كارامەت بىر ئىشتۇر».
43 شۇ سەۋەبتىن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، خۇدانىڭ
پادىشاھلىقى سىلەردىن تارتىۋېلىنىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مېۋىلەرنى
بېرىدىغان باشقا بىر ئەلگە ئاتا قىلىنىدۇ. 44 بۇ «تاش»قا يىقىلغان

---

**38:21** يار. 18:37؛ زەب. 1:2، 8؛ مات. 3:26؛ 1:27؛ يۇھ. 53:11؛ ئىبر. 2:1.

42:21 **«تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش بولسا، بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەندى»** ــ «بۇرجەك تېشى» بولسا ھەرقانداق ئىمارەتنىڭ ئۇلدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇيۇلتاش بولۇپ، ئۇل سېلىنغاندا بىرىنچى بولۇپ قويۇلىدىغان تاشتۇر. يەھۇدىي كاتتىۋاشلار «روھىي ھايات»نىڭ بۇرجەك تېشى بولغان مەسىھنى تاشلىۋەتمەكچى ئىدى، ۋە دەرۋەقە تاشلىۋەتتى.
—مەسىھ كەلتۈرگەن سۆزلەر ــ «زەب.» 118:22-23.

**42:21** زەب. 118:22-23؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛ مار. 10:12؛ لۇقا 17:20؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 6:2.

**43:21** مىس. 10:32؛ يەش. 5:55؛ مات. 12:8.

كىشى پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ؛ لېكىن بۇ تاش ھەركىمنىڭ ئۈستىگە
چۈشسە، ئۇنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىدۇ.
[45] باش كاھىنلار ۋە پەرىسىيلەر ئۇنىڭ ئېيتقان تەمسىللىرىنى ئاڭلاپ،
ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئېيتقانلىقىنى چۈشەندى. [46] ئۇنى تۇتۇش
يولىنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن خالايىق ئۇنى پەيغەمبەر دەپ
قارىغاچقا، ئۇلاردىن قورقۇشتى.

## توي زىياپىتى توغرىسىدىكى تەمسىل

لۇقا 14:15-24

22 [1] ئەيسا ئۇلارغا يەنە تەمسىللەر بىلەن مۇنداق دېدى:
[2] ئەرش پادىشاھلىقى خۇددى ئۆز ئوغلى ئۈچۈن توي زىياپىتىنى
تەييارلىغان بىر پادىشاھقا ئوخشايدۇ. [3] ئۇ چاكارلىرىنى توي
زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغانلارنى چاقىرىشقا ئەۋەتىپتۇ، لېكىن
ئۇلار كېلىشكە ئۇنىماپتۇ. [4] ئۇ يەنە باشقا چاكارلىرىنى ئەۋەتىپ،
ئۇلارغا تاپىلاپ: «چاقىرىلغانلارغا: ــ مانا، مەن زىياپىتىمنى
تەييار قىلدىم؛ مېنىڭ تورپاقلىرىم، بورداق ماللىرىم سويۇلدى،
ھەممە نەرسە تەييار. زىياپەتكە مەرھەمەت قىلغاي، دەيدۇ، دەپ
ئېيتىڭلار، ــ دەپتۇ. [5] بىراق ئۇلار تەكلىپنى ئېتىبارغا ئالماي، بىرسى
ئېتىزلىقىغا كەتسە، يەنە بىرى سودىسىغا كېتىپتۇ. [6] قالغانلىرى
بولسا پادىشاھنىڭ چاكارلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، خورلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.
[7] پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەسكەرلىرىنى چىقىرىپ،

---

44:21 **«بۇ «تاش»قا يىقىلغان كىشى پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ؛ لېكىن بۇ تاش ھەركىمنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، ئۇنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىدۇ»** ــ «تاش» بولسا ئەيسا ئۆزى، ئەلۋەتتە. 42-ئايەتنى كۆرۈڭ. ئەيسانىڭ بۇ سۆزى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىتىلىمىز.

**44:21** يەش. 15:8؛ دان. 34:2؛ زەك. 3:12؛ لۇقا 18:20.

**45:21** لۇقا 19:20.

**46:21** لۇقا 16:7؛ يـۇھ. 40:7.

**2:22** لۇقا 6:14؛ ۋەھ. 7:19.

ئۇ قاتىللارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ شەھىرىگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ.
[8]ئاندىن ئۇ چاكارلىرىغا: «توي زىياپىتى تەييار بولدى، لېكىن
چاقىرىلغانلار مېھمانلىققا مۇناسىپ كەلمىدى. [9]ئەمدى سىلەر
ئاچا يوللارغا بېرىپ، ئۇدۇل كەلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى
توي زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىڭلار» دەپتۇ. [10]بۇنىڭ بىلەن چاكارلار
يوللارغا چىقىپ، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئۇدۇل كەلگەنلىكى
ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئەكەپتۇ. توي سورۇنى مېھمانلار
بىلەن لىق تولۇپتۇ.
[11]پادىشاھ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەندە، ئۇ يەردە زىياپەت
كىيىمى كىيمىگەن بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ. [12]پادىشاھ ئۇنىڭدىن:
«بۇرادەر، زىياپەت كىيىمى كىيمەي، بۇ يەرگە قانداق كىردىڭ؟»
دەپ سوراپتۇ، بىراق ئۇ كىشى جاۋاب بېرەلمەي قاپتۇ. [13]پادىشاھ
چاكارلىرىغا: «ئۇنى پۇت-قوللىرىدىن باغلاپ، تېشىدىكى
قاراڭغۇلۇققا ئاچىقىپ تاشلاڭلار! ئۇ يەردە يىغا-زارلار كۆتۈرۈلىدۇ،
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ» دەپتۇ. [14]چۈنكى چاقىرىلغانلار كۆپ،
لېكىن تاللانغانلار ئازدۇر.

## «باج تاپشۇرامدۇق؟» دېگەن قىلتاق

مار. 13:12-17؛ لۇقا 26-20:20

[15]بۇنىڭ بىلەن پەرىسىيلەر ئۇ يەردىن چىقىپ، قانداق قىلىپ ئۇنى
ئۆز سۆزى بىلەن تۇزاققا چۈشۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. [16]ئۇلار
مۇخلىسلىرىنى ھىرودنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ يېنىغا

11:22 **«پادىشاھ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەندە، ئۇ يەردە زىياپەت كىيىمى كىيمىگەن بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ»** — بۇ سۆزگە قارىغاندا شۇ ۋاقىتلاردا كاتتا توي زىياپەتلىرىدە ساھىبخان ئۆزى ھەربىر مېھمانغا ئالاھىدە بىر زىياپەت كىيىمى سوۋغات قىلاتتى. ئۇنداق كىيىمنى كىيىشنى رەت قىلىش ساھىبخانغا ئىنتايىن بىھۆرمەتلىك بولاتتى.

**13:22** مات. 12:8؛ 42:13؛ 51:24؛ 30:25؛ لۇقا 28:13.

**14:22** مات. 16:20.

**15:22** مار. 13:12؛ لۇقا 20:20.

ئەۋەتىپ:
ئۇستاز، سىلىنى سەمىمىي ئادەم، كىشىلەرگە خۇدانىڭ يولىنى
سادىقلىق بىلەن ئۆگىتىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە ئادەملەرگە قەتئىي يۈز-
خاتىرە قىلماي ھېچكىمگە يان باسمايدۇ، دەپ بىلىمىز. [17] قېنى،
قانداق ئويلايلا؟ رىم ئىمپېراتورى قەيسەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇش
تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ-يوق؟ — دېيىشتى.
[18] لېكىن ئەيسا ئۇلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى بىلىپ:
ئەي ساختىپەزلەر، مېنى نېمىشقا سىنىماقچىسىلەر؟ [19] قېنى، باجغا
تاپشۇرۇلىدىغان بىر تەڭگە ماڭا كۆرسىتىڭلار، — دېدى. ئۇلار بىر
دىنار پۇلنى ئەكەلدى. [20] ئۇ ئۇلاردىن:
بۇنىڭ ئۈستىدىكى سۈرەت ۋە نام-ئىسىم كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى.
[21] قەيسەرنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.
ئۇ ئۇلارغا: — ئۇنداق بولسا، قەيسەرنىڭ ھەققىنى قەيسەرگە، خۇدانىڭ

---

16:22 **«ھېرود پادىشاھنىڭ تەرەپدارلىرى»** — ھېرود پادىشاھ رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇ يەھۇدىي بولمىغاچقا يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. شۇنداق بولغىنى بىلەن ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، ئۇنى قوللايدىغان «ھېرود تەرەپدارلىرى» بار ئىدى. «ھېرودلار» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
17:22 **«رىم ئىمپېراتورى قەيسەر...»** — رىمنىڭ ھەربىر ئىمپېراتورىغا «قەيسەر» دېگەن نام-ئۇنۋان بېرەلەتتى؛ مەسىلەن، قەيسەر ئاۋغۇستۇس، قەيسەر يۇلىئۇس، قەيسەر تىبېرىئۇس قاتارلىقلار. **«رىم ئىمپېراتورى قەيسەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇش تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ-يوق؟»** — ئەينى ۋاقىتتا، يەھۇدىيلار رىملىقلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ياشاۋاتقانىدى، ئەگەر ئەيسا: «رىم ئىمپېراتورىغا باج تاپشۇرۇش توغرا» دېسە، بۇ گەپتىن ئازادلىقنى ئىستىگەن يەھۇدىيلار ئۇنى «مانا تازا بىر يالاقچى، خائىن ئىكەن» دەپ تىلللىشاتتى. «باج تاپشۇرماسلىق كېرەك» دېگەن بولسا، ئۇ رىم ئىمپېرىيەسىگە قارشى چىققان بولاتتى؛ ئاندىن ئۇلار ئۇنى رىم ۋالىيسىغا ئەرز قىلغان بولاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق ئەيسانى گېپىدىن تۇتۇۋېلىپ، رىملىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇشقان.
**20:22** يار. 26:1

ھەقفىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار، ــ دېدى.
[22] ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ قېلىشتى-دە، ئۇنىڭ يېنىدىن
كېتىپ قالدى.

## تىرىلىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە

مار. 12:18-27؛ لۇقا 20:27-40

[23] شۇ كۈنى، «ئۆلگەنلەر تىرىلمەيدۇ» دەيدىغان سادۇقىيلار ئۇنىڭ
ئالدىغا كېلىپ قىستاپ سوئال قويدى:
[24] ــ ئۇستاز، مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتا: «بىر كىشى پەرزەنتسىز ئۆلۈپ
كەتسە، ئۇنىڭ ئاكا ياكى ئىنىسى تۇل يەڭگىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ،
قېرىندىشى ئۈچۈن نەسىل قالدۇرۇشى لازىم» دەپ تاپىلىغان. [25] بۇرۇن
ئارىمىزدا يەتتە ئاكا-ئۇكا بار ئىدى. چوڭى ئۆيلەنگەندىن كېيىن
ئۆلۈپ كەتتى. پەرزەنت كۆرمىگەنلىكتىن، ئايالىنى ئىككىنچى
قېرىندىشىنىڭ ئەمرىگە قالدۇردى. [26] بىراق ئىككىنچىسىدىكى
ئەھۋالمۇ ئۇنىڭكىگە ئوخشاش بولدى، ئاندىن بۇ ئىش ئۈچىنچىسىدە
تاكى يەتتىنچى قېرىنداشقىچە ئوخشاش داۋاملاشتى.
[27] ئاخىردا، ئۇ ئايالمۇ ئۆلۈپ كەتتى. [28] ئەمدى تىرىلىش كۈنىدە بۇ
ئايال يەتتە ئاكا-ئۇكىنىڭ قايسىسىنىڭ ئايالى بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇنى

---

22:21 **«قەيسەرنىڭ ھەققىنى قەيسەرگە، خۇدانىڭ ھەققىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار»** ــ قەيسەرگە قەيسەرنىڭ ھەققى (ئۇنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن نەرسە)نى تاپشۇرۇڭلار ــ دېمەك، باج تۆلەش كېرەك. ئەمما قانداق نەرسە ئۈستىدە «خۇدانىڭ سۈرىتى» بار؟ ئىنسان ئۆزى «خۇدانىڭ سۈرىتى» بولغاچقا، بىز پۈتۈنمىزنى خۇداغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەكتۇر («يار.» 1:26-27نى كۆرۈڭ).

**22:21** مات. 17:25؛ رىم. 13:7؛ يار. 1:26

22:23 **««ئۆلگەنلەر تىرىلمەيدۇ» دەيدىغان سادۇقىيلار»** ــ «سادۇقىيلار» توغرۇلۇق 16:1دىكى ئىزاھاتنى ۋە شۇنداقلا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**22:23** مار. 12:18؛ لۇقا 20:27؛ روس. 23:8.

22:24 **«بىر كىشى پەرزەنتسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئاكا ياكى ئىنىسى تۇل قالغان يەڭگىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، قېرىندىشى ئۈچۈن نەسىل قالدۇرۇشى لازىم»** ــ «قان.» 25:5.

**22:24** قان. 25:5-6؛ يار. 38:8.

ھەممىسى ئەمرىگە ئالغان-دە!
[29] ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
سىلەر نە مۇقەددەس يازمىلارنى نە خۇدانىڭ قۇدرىتىنى
بىلمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئازغانسىلەر. [30] چۈنكى ئۆلۈمدىن
تىرىلگەندە ئىنسانلار ئۆيلەنمەيدۇ، ئەرگە تەگمەيدۇ، بەلكى خۇدانىڭ
ئەرشتىكى پەرىشتىلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ.
[31] ئەمدى ئۆلۈمدىن تىرىلىش مەسىلىسى ھەققىدە خۇدانىڭ سىلەرگە
ئېيتقان: [32] «مەن ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارنىڭ خۇداسىدۇرمەن!»
دېگەن شۇ سۆزىنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟ خۇدا ئۆلۈكلەرنىڭ ئەمەس،
بەلكى تىرىكلەرنىڭ خۇداسىدۇر!».
[33] بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خەلق ئۇنىڭ تەلىمىدىن ھەيرانۇھەس قېلىشتى.

## ئەڭ مۇھىم ئەمر

مار. 12:28-34؛ لۇقا 10:25-28

[34] پەرىسىيلەر ئۇنىڭ سادۇقىيلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغانلىقىنى
ئاڭلاپ، بىر يەرگە جەم بولۇشتى. [35] ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تەۋرات-
قانۇن ئۇستازى ئۇنى سىناش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن:
[36] — ئۇستاز، تەۋرات قانۇنىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەمر قايسى؟ — دەپ
قىستاپ سورىدى.
[37] ئۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
«پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن

32:22 «مەن ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارنىڭ خۇداسىدۇرمەن!» — «مىس.» 6:3.
32:22 مىس. 6:3، 15.
33:22 مات. 28:7.
34:22 مار. 28:12.
35:22 لۇقا 25:10.

# «ھېرودلار»نىڭ نەسەبنامىسى

ئىنجىل دەۋرىدە «ھېرودلار» بولسا ئېدومىيلار (ياكى ئىدۇمىيلار)دىن ئىدى (ئېدومىيلار ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر). ئۇلار ئۆزلىرىنى يالغاندىن: «يەھۇدىيلارنىڭ خاندانلىقىغا تەۋەمىز» دەپ جاكارلايتتى. يەھۇدىيلار بولسا ئۇلارنى «فىلىستىيە قۇللارنىڭ بىر ئائىلىسىدىن بولغانسىلەر» دەيتتى.

ھېرودلارنىڭ ئەجدادى «ھېرود ئانتىپاتېر» ئىدى؛ ئۇ يەھۇدىيەنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان «ھاسمونىيلار» (يەنى «ماككابىيلار»غا ۋارىسلىق قىلغانلار)نىڭ خاندانلىقى ئارىسىدا سۇيىقەست قىلىپ، ئەۋلادلىرىنىڭ تەختكە چىقىش يولىنى تەييارلاپ قويىدى. كېيىن، رىم ئىمپېرىيەسى پەلەستىن رايونىغا بارغانسېرى قول ئۇزارتقاندا، ھېرود ئانتىپاتېر ئۇلارغا تەخسىچىلىك قىلىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچكە ئىگە بولدى.




ھاسمونىي رەھبەر «خىركانۇس يوھاننا II» («سادۇقىي مەزھىپى»تىن بولغان، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىردىكى يەھۇدىيلارنىڭ باش كاھىنى) كۆپ يات ئەللىكلەرنى يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئانتىپاتېرنىڭ ئائىلىسى شۇ مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئۆزلىرىنى «يەھۇدىيلارمىز» دەپ جاركارلىغان. ھالبۇكى، پەرىسىي مەزھىپىدىكىلەر مۇشۇنداق «يەھۇدىي بولغانلار»نى قوبۇل قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ قىسمى ھېرودلارنى «ھەقىقىي يەھۇدىي ئەمەس» دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھېرودلار» ئۈچ تەرەپتىن ئاددىي پۇقرالار تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن: — (ئا) ئۇلار ئېدومىيلاردىن كېلىپ چىققان؛ (ئە) ئۇلار يەھۇدىي ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئاجىزلا ئىشتىرىدىغان تەسىر يەتكۈزمەكتە ئىدى؛ (پ) ئۇلار يەھۇدىيلار نەپرەتلەنگەن رىملىق تاجاۋۇزچىلار بىلەن ھەمكارلاشماقتا ئىدى.

بىرىنچى دەۋر

## ئانتىپاتېر

**ساپروس** ناباتىيالىق بىلەن توي قىلغان

- **بۈيۈك ھېرود** (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 73-(؟)1-يىلى) («ماتتا» 1:2، «لۇقا» 5:1)
- **فاسايلۇس** (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 43-40-يىلى يەھۇدىيەنىڭ ئۇستىگە ۋالىي بولغان)
- **فېرۇراس**
- **يۈسۈف**
- **سالومى**

ئىككىنچى دەۋر

- **مارىئامنى I** بىلەن توي قىلغان
- **مارىئامنى II** بىلەن توي قىلغان
- **مالتاس** بىلەن توي قىلغان
- **كلېئوپاترا I** بىلەن توي قىلغان

تۆتىنچى دەۋر

**ئارىستوبۇلۇس IV** (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 31-7-يىلى) مۇقەددەس كىتابتا تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇ كوستوبار ۋە سالومىنىڭ قىزى، يەنى ئۆزىنىڭ نەۋرە قىزى بېرنىكى بىلەن توي قىلغان. ئۇز ئاتىسى تەرىپىدىن قەستلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**ھېرود فىلىپ I** (ھېچ تەختكە ئۇلتۇرغان ئەمەس. بىرىنچى بولۇپ **ھېرودىيە** بىلەن توي قىلغان) تەخمىنەن مىلادىيە 34-يىلى ئۆلدى. «ماتتا» 3:14، «ماركۇس» 17:6، «لۇقا» 19:3)

**ھېرود ئارخېلائۇس** ئۇ يەھۇدىيە، ئىدۇمىيا ۋە سامارىيانىڭ ئۇستىگە ۋالىي بولغاندا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1-يىلى (؟) مىلادىيە 6-يىلىغىچە) يۈسۈپ ۋە مەريەم مىسىردىن چىققاندا ئۇلار يەھۇدىيەگە بارماي، ناسارەتكە ئولتۇراقلاشقان. («ماتتا» 2:19-23).

**ھېرود ئانتىپاس** گالىلىيە ۋە پېرىيانىڭ ئۇستىگە ھاكىم («تېترارق») بولغان (ئىككىنچى بولۇپ **ھېرودىيە** بىلەن توي قىلغان) ئۇ چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرگەن ئاخىردا ۋالىي پىلاتۇس ئەيسا مەسىھنى سوراق قىلىشقا ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن («لۇقا» 1:3، 19:9، 7:13، 31:23، 7:23، «ماتتا» 1:14، 3، «ماركۇس» 14:6)

**ھېرود فىلىپ II** ئىتۇرىيە ۋە تراخونىتىس ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى («تېترارق»ى) بولغان (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1-يىلى (؟) مىلادىيە 34-يىلىغىچە) («لۇقا» 1:3)

تۆتىنچى دەۋر

**ھېرود** (ھېرود V، خالكىس پادىشاھى، ئۆزىنىڭ نەۋرىي سىڭلىسى **بەرنىكى** بىلەن توي قىلغان. بەرنىكى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 13:25دە تىلغا ئېلىنىدۇ)

**ھېرود ئاگرىپپا I** (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 10-يىلى مىلادىيە 44-يىلىغىچە) ئۇ يەنە «بۈيۈك ئاگرىپپا» دەپ ئاتالغان، يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھى بولغان ئايالى سىپرىستىن ئۇ بىر ئوغۇل (ئاگرىپپا II) ۋە ئۈچ قىز تۇغۇلغان ئۇ روسۇل ياقۇپنى ئۆلتۈرگەن؛ خۇدا روسۇل پېترۇسنى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 12:1-23)

**ھېرودىيە** (مات 3:14، مارك 17:6، لۇقا 19:3)

**مارىئامنى** ئانتىپاتېر III ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلغاندا، مۇشۇ مارىئامنى ئۇنىڭ ئايالى ئىدى. كېيىن ئۇ «ئەتنارق» ھېرود ئارخېلائۇسنىڭ ئايالى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچى دەۋر

**ھېرود ئاگرىپپا II** روسۇل پاۋلۇس ئۇنىڭ ئالدىدا سوت قىلىنغاندا خۇش خەۋەرنى جۆشەندۈردى («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 25:13-26:32)

**بەرنىكى** (مىلادىيە 28-93-يىلى) ئۇنىڭ تاغىسى ھېرودقا (خالكىسنىڭ پادىشاھى)غا تەگكەن. ئاندىن بىر مەزگىلدە ئۆز بىر تۇغقان ئاگرىپپا بىلەن بىللە ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزگەن. روسۇل پاۋلۇس شۇ چاغدا ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئالدىدا سوراق قىلىنغان

**دۇرۇسىلا** ئۇ ئاۋۋال ئەمەساسانىڭ پادىشاھى ئازىزۇسقا، ئاندىن رىملىق ۋالىي فېلىكسقا تەگكەن. فېلىكس مىلادىيە 52-59-يىلى يەھۇدىيەنىڭ ۋالىيى بولغان. روسۇل پاۋلۇس ئۇنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلغان («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 24:24).

**مارىئامنى** گايۇس يۇلىيۇس ئارخېلائۇس ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس بىلەن توي قىلغان. ئۇلارنىڭ بەرنىكى ئىسىملىك بىر قىزى بولغان (مىلادىيە 50-يىلى تۇغۇلغان).

**سالومى** ھېرود فىلىپ I ۋە ھېرودىيەنىڭ قىزى ئۇ ئۇسسۇل ئوينىشى بىلەن چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ بېشىنى كېلىپ كېلىشنى سورىدى («ماتتا» 14:1-12، «ماركۇس» 14:6-29)

زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن» [38] ـ ئەڭ ئۇلۇغ، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان
ئەمر مانا شۇ. [39] ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىككىنچى ئەمر بولسا
«قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي». [40] پۈتۈن تەۋرات قانۇنى
ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى بۇ ئىككى ئەمرگە ئېسىلغان ھالدا
ماڭىدۇ.

## قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ـ داۋۇتنىڭ ئوغلى ھەم ئۇنىڭ رەببى

مار. 12:35-37؛ لۇقا 20:41-44

[41] پەرىسىيلەر جەم بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئەيسا ئۇلاردىن:
[42] ــ مەسىھ توغرىسىدا قانداق ئويلاۋاتىسىلەر؟ ئۇ كىمنىڭ ئوغلى؟ ــ
دەپ سورىدى.
داۋۇتنىڭ ئوغلى، ــ دېيىشتى ئۇلار.
[43] ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن زەبۇردا داۋۇت مەسىھنى روھتا «رەببىم» دەپ
ئاتاپ، ــ
[44] «پەرۋەردىگار مېنىڭ رەببىمگە ئېيتتىكى: ــ
«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى ئايىغىڭ ئاستىدا دەسسەتكۈچە،
ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن!» ــ دەيدۇ؟

---

**22:37** «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن» ــ «قان.» 6:5.

**22:37** قان. 6:5؛ 10:12؛ 30:6؛ لۇقا 10:27.

**22:39** «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي» ــ «لاۋ.» 19:18.

**22:39** لاۋ. 19:18؛ مار. 12:31؛ رىم. 13:9؛ گال. 5:14؛ ئەف. 5:2؛ 1تىس. 4:9؛ ياق. 2:8.

**22:41** مار. 12:35؛ لۇقا 20:41.

**22:43** «داۋۇت مەسىھنى روھتا «رەببىم» دەپ ئاتاپ...» ــ «روھتا» ــ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىدا.

**22:44** داۋۇت «پەرۋەردىگار مېنىڭ رەببىمگە ئېيتتىكى: ــ «مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى ئايىغىڭ ئاستىدا دەسسەتكۈچە، ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن!» ــ دەيدۇ» ــ «زەب.» 110:1.

**22:44** زەب. 110:1؛ روس. 2:34؛ 1كور. 15:25؛ ئىبر. 1:13؛ 10:13.

[45] داۋۇت مەسىھنى شۇنداق «رەببىم» دەپ ئاتىغان تۇرسا، ئەمدى
مەسىھ قانداقمۇ داۋۇتنىڭ ئوغلى بولىدۇ؟
[46] ۋە ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر ئېغىزمۇ سۆز قايتۇرالمىدى؛
شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ھېچكىم ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقىمۇ
پېتىنالمىدى.

## ساختىپەزلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!
## «يەتتە «ۋاي!»»

مار. 12:38-40؛ لۇقا 11:37-52؛ 20:45-47

23 [1] بۇ سۆزلەردىن كېيىن، ئەيسا توپ-توپ خالايىققا ۋە
مۇخلىسلىرىغا مۇنداق دېدى:
[2] — تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈم
چىقىرىش ئورنىدا ئولتۇرغان بولىدۇ. [3] شۇڭا، ئۇلارنىڭ سىلەرگە
ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىگە كۆڭۈل قويۇپ، دېگەنلىرىنى قىلىڭلار.
لېكىن ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىدەك قىلماڭلار؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
دېگىنىگە ئۆزلىرى ئەمەل قىلمايدۇ. [4] بەلكى ئۇلار كۆتۈرەلمىگۈدەك
ئېغىر يۈكلەرنى باغلاپ ئادەملەرنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويىدۇ. ئەمما
ئۆزلىرى بۇ يۈكلەرنى كۆتۈرۈشكە بىرمۇ بارمىقىنى مىدىرلىتىشنى

---

**45:22 «داۋۇت مەسىھنى شۇنداق «رەببىم» دەپ ئاتىغان تۇرسا، ئەمدى مەسىھ قانداقمۇ داۋۇتنىڭ ئوغلى بولىدۇ؟»** — دېمەك، قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ داۋۇت مەسىھنى «رەببىم» دېگەن يەردە مەسىھ داۋۇتتىن ئۇلۇغ بولىدۇ، ھەم تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا «رەب» سۈپىتىدە ئىدى.

**2:23 «تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئورنىدا ئولتۇرغان بولىدۇ»** — گرېك تىلىدا سۆزمۇسۆز: «تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر مۇسانىڭ ئورنىغا بېسىپ ئولتۇرغان بولىدۇ». دېمەك، تەۋرات قانۇنىغا تەبىر بېرىش ۋە قانۇنغا ئاساسەن دەۋالاردا ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان. شۇ تەرەپتە خەلق ئۇلارغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى.

**2:23** نەھ. 4:8

**3:23** قان. 17:19؛ مال. 2:6؛ رىم. 2:19.

**خۇشياقمايدۇ. 5 ئۇلار ھەممە ئەمەللىرىنى ئىنسانلارغا كۆز-كۆز**
**قىلىش ئۈچۈنلا قىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار «ئايەت قاپلىرى»نى كەڭ**
**قىلىپ چىگىۋېلىپ، تونلىرىنىڭ چۈچىلىرىنى ئۇزۇن ساڭگىلىتىپ**
**قويىدۇ؛ 6 ئۇلار زىياپەتلەردە تۆردە، سىناگوگلاردا ئالدىنقى ئورۇنلاردا ئو**
**لتۇرۇشقا، 7 بازارلاردا كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۇزۇن سالاملىرىغا**
**ۋە ئۆزلىرىنى «ئۇستاز، ئۇستاز» دەپ ئاتاشلىرىغا ئامراق كېلىدۇ.**
**8 بىراق سىلەر بولساڭلار «ئۇستاز» دەپ ئاتىلىشنى قوبۇل قىلماڭلار؛**
**چۈنكى سىلەرنىڭ يالغۇز بىرلا ئۇستازىڭلار بار ۋە ھەممىڭلار قېرى**
**ندداشتۇرسىلەر. 9 يەر يۈزىدە ھېچقانداق كىشىنى «ئاتام» دېمەڭلار،**

---

4:23 **«ئۇلار ، يەنى پەرىسىيلەر كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر يۈكلەرنى باغلاپ ئادەملەرنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويىدۇ»** — «ئېغىر يۈكلەر» ھەر تۈرلۈك قاتتىق دىنىي قائىدە-يوسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

**4:23** يەش. 1:10؛ لۇقا 46:11؛ روس. 10:15.

5:23 **«ئۇلار «ئايەت قاپلىرى»نى كەڭ قىلىپ چىگىۋېلىپ،...»** — «ئايەت قاپلىرى» تەۋرات-ئايەتلىرى يېزىلغان پۈتۈك سېلىنغان كىچىك قاپ. ئۇلار بۇ ئىشنى «مىس.» 9:13، 16 ۋە «قان.» 6:8، 8:11گە ئاساسەن ئادەت قىلغان. **«ئۇلار... تونلىرىنىڭ چۈچىلىرىنى ئۇزۇن ساڭگىلىتىپ قويىدۇ»** — تەۋرات بويىچە ئەر كىشىلەر تونلىرىغا مۇشۇنداق چۈچىلارنى بېكىتىشى كېرەك (چۈچىلار كۆك رەڭلىك بولغاچقا، خۇدانىڭ «كۆكتىن چۈشۈرۈلگەن» ئەمرلىرىگە ئەسلەتمە بولسۇن دېگەن مەقسەتتە بېكىتىلىشكە بۇيرۇلغان — «چۆل.» 15:38-39 ۋە «قان.» 12:22نى كۆرۈڭ). بىراق پەرىسىيلەر پەقەت ئۆزلىرىنى تەقۋادار كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى.

تەقۋادارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پېشانە ياكى ئۇستى بىلىكىگە چىگىۋېلىنىدىغان، ئىچىگە

**5:23** چۆل. 15:38؛ قان. 6:8؛ 12:22؛ مات. 6:5.

**6:23** مار. 12:38، 39؛ لۇقا 11:43؛ 20:46.

7:23 **«بازارلاردا كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۇزۇن سالاملىرىغا... ئامراق كېلىدۇ»** — «ئۇزۇن» دېگەن سۆز گرېكچە تېكىستتە يوق؛ تارىخ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن ئۇلارغا قىلغان «سالاملار»نى ئىنتايىن ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ دەپ بىلىمىز. **«ئۆزلىرىنى «ئۇستاز، ئۇستاز» دەپ ئاتاشلىرىغا ئامراق كېلىدۇ»** — مۇشۇ يەردە «ئۇستاز» گرېك تىلىدا (ئىبرانيي تىلىدىمۇ ئوخشاش) «راببى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**7:23** ياق. 3:1.

8:23 **«بىراق سىلەر بولساڭلار «ئۇستاز» دەپ ئاتىلىشنى قوبۇل قىلماڭلار»** — يۇقىرىقى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

چۈنكى پەقەت بىرلا ئاتاڭلار، يەنى ئەرشتە تۇرغۇچى باردۇر. [10] سىلەر
«مۇئەللىم» دەپ ئاتىلىشىنىمۇ قوبۇل قىلماڭلار، چۈنكى پەقەت
بىرلا مۇئەللىم، يەنى مەسىھنىڭ ئۆزى باردۇر؛ [11] بەلكى ئاراڭلاردا
ئەڭ مەرتىۋىلىك بولغان كىشى سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولىدۇ.
[12] ئۆزىنى يۇقىرى تۇتماقچى بولغىنى تۆۋەن قىلىنىدۇ، ئۆزىنى تۆۋەن
تۇتقىنى يۇقىرى قىلىنىدۇ.
[13] بىراق ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر،
ساختىپەزلەر! سىلەر ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ ئىشىكىنى ئىنسانلارغا
تاقاپ كېلىۋاتىسىلەر! يا ئۆزۈڭلار كىرمەيسىلەر، يا كىرىشنى
ئىستىگەنلەرنىڭ كىرىشىگە يول قويمايسىلەر.
[14] ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر،
ساختىپەزلەر! سىلەر تۇل ئاياللارنىڭ مال-دۇنياسىنى يەۋاتىسىلەر،
شۇنداقتىمۇ باشقىلار ئالدىدا تەقۋادار كۆرۈنسەك دەپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن
دۇئا قىلىسىلەر. شۇڭا، سىلەر تېخىمۇ ئېغىر جازاغا تارتىلىسىلەر.
[15] ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر،
ساختىپەزلەر! سىلەر بىرلا ئادەمنى ئېتىقادىڭلارغا كىرگۈزۈش

---

**9:23 «يەر يۈزىدە ھېچقانداق كىشىنى «ئاتام» دېمەڭلار»** — روشەنكى، مەسىھ بۇ سۆزنى روھىي جەھەتتىن ئېيتقان؛ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئادەملەرنىڭ ئۆز جىسمانىي ئاتىسىنى «ئاتا»، «دادا» دېگەنلىكى ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر ئادەمنى روھىي جەھەتتىن «ئاتام» دېيىشى كۆزدە تۇتۇلغان، ئەلۋەتتە. دېمىسەكمۇ، نۇرغۇن «خرىستىيان جامائەتلەر» (مەسىلەن، «كاتولىكلار» ۋە «پراۋۇسلاۋىيلار») ئۆز يېتەكچىلىرىنى «ئاتا» دەپ ئاتايدۇ؛ «پاپا» ۋە «پوپ» دېگەن سۆزلەر ئەسلىدە «دادا» دېگەنلىكتۇر.

**9:23** مال. 6:1.

**11:23** مات. 26:20.

**12:23** ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ لۇقا 11:14؛ 14:18؛ ياق. 6:4، 10؛ 1پېت. 5:5.

**13:23** لۇقا 52:11.

**14:23 «ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر، ساختىپەزلەر! سىلەر تۇل ئاياللارنىڭ مال-دۇنياسىنى يەۋاتىسىلەر... شۇڭا، سىلەر تېخىمۇ ئېغىر جازاغا تارتىلىسىلەر»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە بۇ ئايەت تېپىلمايدۇ. بۇ سۆزلەر «مار.» 40:12 ۋە «لۇقا» 47:20دىمۇ تېپىلىدۇ.

**14:23** مار. 40:12؛ لۇقا 47:20؛ 2تىم. 6:3؛ تىت. 11:1.

ئۇچۇن، دىڭىز ۋە قۇرۇقلۇقنى كېزىپ چىقىسىلەر. بىراق ئۇ كىشى
كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، سىلەر ئۇنى ئۆزلىرىڭلاردىن ئىككى ھەسسە
بەتتەر بولغان دوزاخنىڭ پەرزەنتى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىسىلەر.
[16] ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي قارىغۇ يولباشچىلار! سىلەر: «ھەرقانداق
كىشى ئىبادەتخانا بىلەن قەسەم قىلسا، ھېچنېمىسى يوق، بىراق
ئىبادەتخانىدىكى ئالتۇننى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغانلار قەسىمىدە
تۇرۇشقا قەرزدار بولىدۇ» دەيسىلەر. [17] ئەي كور ئەخمەقلەر! ئالتۇن
ئۇلۇغمۇ ياكى ئالتۇننى مۇقەددەس قىلغان ئىبادەتخانىمۇ؟ [18] سىلەر
يەنە: «ھەركىم قۇربانگاھ بىلەن قەسەم قىلسا، ھېچنېمىسى يوق،
بىراق قۇربانگاھ ئۈستىدىكى ھەدىيەنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغانلار
قەسىمىدە تۇرۇشقا قەرزدار بولىدۇ» دەيسىلەر. [19] ئەي كورلار! ھەدىيە
ئۇلۇغمۇ ياكى ھەدىيىنى مۇقەددەس قىلغان قۇربانگاھمۇ؟ [20] شۇڭا،
قۇربانگاھنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغۇچى بولسا ھەم قۇربانگاھ
بىلەن ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلغان
بولىدۇ. [21] ئىبادەتخانىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغۇچىمۇ ھەم
ئىبادەتخانىنى، ھەم «ئىبادەتخانىدا تۇرغۇچى»نى تىلغا ئېلىپ قەسەم
قىلغان بولىدۇ. [22] ئەرشنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغۇچى خۇدانىڭ
تەختى ۋە تەختتە ئولتۇرغۇچىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان بولىدۇ.
[23] ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر،
ساختىپەزلەر! چۈنكى سىلەر ھەتتا يالپۇز، ئارپىبەدىيان ۋە
زىرىلەرنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ئۆشرە قىلىپ خۇداغا ئاتايسىلەر-
يۇ، بىراق تەۋرات قانۇنىنىڭ تېخىمۇ ۋەزىنلىك تەرەپلىرى بولغان

---

15:23 **«...سىلەر ئۇنى ئۆزلىرىڭلاردىن ئىككى ھەسسە بەتتەر بولغان دوزاخنىڭ پەرزەنتى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىسىلەر»** ــ «دوزاخنىڭ پەرزەنتى» دوزاخقا كىرىدىغان ۋە بەلكىم باشقىلارنى دوزاخقا بارىدىغان يولغا ئازدۇرىدىغان كىشى بولسا كېرەك.

19:23 **«ئەي كورلار!»** ــ بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە «ئەي ئەخمەقلەر، كورلار!» دېيىلىدۇ.

**21:23** 1پاد. 13:8؛ 2تار. 1:6، 2.

**22:23** 2تار. 33:6؛ يەش. 1:66؛ مات. 34:5؛ روس. 49:7.

ئادالەت، رەھىمدىللىق ۋە سادىقلىقنى ئېتىبارغا ھېچ ئالمايسىلەر.
ئاۋۋال مۇشۇ ئىشلارنى ئورۇندىشىڭلار كېرەك، ئاندىن شۇ ئىشلارنىمۇ
ئادا قىلماي قويماسلىقىڭلار كېرەك. 24 ئەي قارىغۇ يولباشچىلار!
سىلەر چىنەڭلەردىكى پاشىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىسىلەر، لېكىن بىرەر
تۆگىنى پۈتۈن پېتى يۇتۇۋېتىسىلەر!
25 ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر، ساختىپەزلەر!
سىلەر چىنە-قاچىلارنىڭ تېشىنىلا يۇيۇپ پاكىزلىغىنىڭلار بىلەن
ئۇلارنىڭ ئىچى ھەرتۈرلۈك ھېرىسلىك ۋە ئىشرەتپەرەسلىككە
تولغان. 26 ئەي قارىغۇ پەرىسىي! ئاۋۋال چىنە-قاچىنىڭ ئىچىنى پاكلا،
شۇنداقتا تېشىمۇ پاك بولىدۇ!
27 ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر، ساختىپەزلەر!
سىلەر ئاقارتىپ قويۇلغان، سىرتى چىرايلىق كۆرۈنىدىغان لېكىن
ئىچى ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى ۋە ھەرخىل ناپاك نەرسىلەرگە
تولغان قەبرىلەرگە ئوخشايسىلەر. 28 شۇنىڭدەك تېشىڭلاردىن
ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا ھەققانىي ئادەملەردەك كۆرۈنىسىلەر، لېكىن
ئىچىڭلار ساختىپەزلىك ۋە ئىتائەتسىزلىك بىلەن تولغان.
29 ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر،
ساختىپەزلەر! چۈنكى سىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنى

---

23:23 **«ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر، ساختىپەزلەر! چۈنكى سىلەر ھەتتا يالپۇز، ئارپىبەدىيان ۋە زىرىلەرنىڭ ئوندىن بىر ئۆلۈشىنى ئۆشرە قىلىپ خۇداغا ئاتايسىلەر-يۇ،...»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا تەۋرات قانۇنىدا ئىبادەتخانىدىكى ئىشلار ۋە كاھىنلارنىڭ كىرىمى ئۈچۈن ئۆز خەلقىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن «ئوندىن بىر ئۆلۈشى»نى تەلەپ قىلغانىدى.

**23:23** 1سام. 22:15؛ ھوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 13:9؛ 7:12؛ لۇقا 42:11.

24:23 **«سىلەر چىنەڭلەردىكى پاشىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىسىلەر، لېكىن بىرەر تۆگىنى پۈتۈن پېتى يۇتۇۋېتىسىلەر!»** — تەۋرات قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھەم پاشا ھەم تۆگە گۆشىمۇ ھارام گۆش ئىدى.

**25:23** لۇقا 39:11.

**26:23** تت. 15:1.

**27:23** روس. 3:23.

**ياساپ كېلىۋاتىسىلەر، ھەققانىيلارنىڭ مازارلىرىنى بېزەپ كېلى**
**ۋاتىسىلەر [30]ۋە سىلەر: «ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ زامانىدا ياشىغان**
**بولساق ئىدۇق، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈشلىرىگە**
**شېرىك بولمايتتۇق» ــ دەيسىلەر. [31]شۇڭا سىلەر ئۆز سۆزۈڭلار**
**بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى**
**ئىكەنلىكىڭلارغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار. [32]ئۇنداقتا، ئاتا-بوۋىلىرىڭلار**
**باشلىغان قىلمىشلىرىنى تولۇقلاڭلار!**
**[33]ئەي يىلانلار! زەھەرلىك يىلانلارنىڭ نەسىللىرى! دوزاخ**
**جازاسىدىن قانداقمۇ قۇتۇلالارسىلەر؟ [34]شۇڭا مانا، سىلەرگە**
**پەيغەمبەرلەر، دانىشمەنلەر ۋە ئالىملارنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن. سىلەر**
**ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كرېستلەپ ئۆلتۈرىسىلەر، بەزىلىرىنى**
**سىناگوگلىرىڭلاردا دەررىگە باسىسىلەر، شەھەردىن شەھەرگە**
**قوغلايسىلەر. [35]شۇنداق قىلىپ، ھەققانىي ھابىلنىڭ قان قەرزىدىن**

---

**29:23** لۇقا 47:11.

31:23 **«سىلەر ئۆز سۆزۈڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىڭلارغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار»** ــ دېمەك، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلەرنى «ئاتا-بوۋىلىرىمىز» دەپ ئېتىراپ قىلدۇ. ئۇلار كۆپ باشقا ئەللەردەك دائىم «ئاتا-بوۋىلىرى»نى ماختاپ، بىز ئۇلارنىڭ ئەنئەنىلىرىدە داۋاملىق مېڭىشىمىز كېرەك، ــ دەيتتى. لېكىن شۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرى خۇدانىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىگە زىت بولۇپ كەلگەن ۋە شۇ سەۋەبتىنمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەن.

**31:23** روس. 51:7؛ 1تېس. 15:2.

32:23 **«ئۇنداقتا، ئاتا-بوۋىلىرىڭلار باشلىغان قىلمىشلىرىنى تولۇقلاڭلار!»** ــ مەسىھنىڭ بۇ كىنايىلىك، ھەجۋىي گېپى: «سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ ئىزلىرىنى باسقىنىڭلار ــ (ئۇلارنىڭ ئەنئەنىلەرنى تۇتۇپ، خۇدانىڭ ئەمرلىرىنى تاشلاپ) مېنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تولۇقلىغىنىڭلاردۇر!» دېگەندەكتۇر.

**33:23** مات. 7:3.

34:23 **«... سىلەرگە پەيغەمبەرلەر، دانىشمەنلەر ۋە ئالىملارنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن»** ــ «ئالىملار» دېگەن بۇ سۆزنى ئادەتتە «تەۋرات ئۇستازلىرى» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. لېكىن ئەيسا مەسىھ ئۆز قېرىنداش يەھۇدىي خەلقىگە ئەۋەتىدىغان «ئۇستازلار»نى پەقەت «تەۋرات ئۇستازى» دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى «تەۋرات-ئىنجىل ئۇستازلىرى» بولىدۇ.

**34:23** مات. 16:10، 17؛ لۇقا 3:10؛ 49:11؛ يۇھ. 2:16؛ روس. 52:7.

# مەسىھ دەۋرىدىكى يېرۇسالېم شەھىرى




1. مۇقەددەس ئىبادەتخانا
2. ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىي سېپىلى، «پادىشاھلارنىڭ ئايۋانى»
3. ئوفەل تېغى (داۋۇتنىڭ شەھىرى تاغ باغرىغا جايلاشقان)
4. moriya: موريا تېغى، ئىبادەتخانا جايلاشقان تاغ (=زىئون تېغى)
5. ئەسلىي ئىبادەتخانىنىڭ تېمى (ئەزرا، نەھەمىيا دەۋرىدىكى)
6. ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي تەرىپى
7. ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي سېپىلى (تاغنىڭ ئۈستىدە)
8. ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي جەنۇبىي سېپىلى (غوجا تام بىلەن يۆلىنىدۇ)
9. ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكى
10. «ئالتۇن دەرۋازا» ￼ مەسىھ مۇشۇ دەرۋازا بىلەن يېرۇسالېمغا تەنتەنىلىك كىرگەن («ماتتا» 11-1:21)

11. زەيتۇن تېغى
12. گېتسىمانە بېغى
13. كىدرون جىلغىسى
14. «سۇ دەرۋازىسى»
15. داۋۇتنىڭ شەھىرى (ئوفەل تېغى)
16. «گىپپودروم» -- ئويۇن-تەنھەرىكەت مەيدانى
17. سىلوئام كۆلچىكى
18. تىروپونىي جىلغىسى
19. بىركەت ئەل-هامرا
20. تۆۋەنكى شەھەر (كەمبەغەللەر مەھەللىسى)

21. پادىشاھ ئاگرىپپا I تەرىپىدىن قۇرۇلغان سېپىل
22. ھىننوم جىلغىسى (گې-ھىننوم)
23. يۇقىرىقى شەھەر (بايلار مەھەللىسى)
24. داۋۇتنىڭ مازىرى دەپ قارالغان جاي (ھەقىقىي مازار «داۋۇتنىڭ شەھىرى»دە)
25. كايافانىڭ ئۆيى مۇشۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا
26. «ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆي» مۇشۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا («لۇقا» 12:22، «روس.» 13:1)
27. تىياتىر
28. بازار مەيدانى
29. ھېرودنىڭ ئوردىسى
30. «گاباتا» -- «تاش تاختايلىق ھويلا» («يافا دەرۋازىسى»غا يېقىن) («يوھ.» 13:19)

31. ھاسمونىيلارنىڭ ئوردىسىنىڭ ئوڭ تەرىپى
32. شەھەرنىڭ ئىككىنچى مەھەللىسى (مىشنەھ)
33. «گولگوتا»نىڭ جايلىشىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىككىنچى يەر
34. «بېلىق دەرۋازىسى» -- قەيسەرىيەگە بارىدىغان يول
35. ئەنئەنىۋىي تارىخلار بويىچە «گولگوتا» جايلاشقان يەر
36. ئانتونىيا قەلئەسى
37. بەيت-ئەسدا كۆلچىكى (ئىبادەتخانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە) («يوھ» 2:5)

تارتىپ تاكى سىلەر ئىبادەتخانىدىكى مۇقەددەس جاي بىلەن
قۇربانگاھنىڭ ئارىلىقىدا ئۆلتۈرگەن بەرەكىيانىڭ ئوغلى زەكەرىيانىڭ
قان قەرزىگىچە، ھەققانىيلارنىڭ يەر يۈزىدە ئېقىتىلغان بارلىق قان
قەرزلىرى بۇ دەۋرنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلىدۇ. [36] مەن سىلەرگە بەرھەق
شۇنى ئېيتىپ قويايكى، شۇ قىلمىشلارنىڭ جازاسىنىڭ ھەممىسى
مۇشۇ دەۋرنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.

## ئەيسانىڭ يېرۇسالېم ئۈچۈن نالە-پەرياد كۆتۈرۈشى

لۇقا 13:34-35

[37] ئەي يېرۇسالېم، يېرۇسالېم! پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرىدىغان، ئۆزىگە
ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنى چالما-كېسەك قىلىدىغان شەھەر! مېكىيان
چۈجىلىرىنى قانات ئاستىغا يىغقاندەك پەرزەنتلىرىڭنى قانچە
قېتىم قوينۇمغا ئالماقچى بولدۇم، لېكىن سىلەر ئۇنىمىدىڭلار!

35:23 **«ھەققانىي ھابىلنىڭ قان قەرزىدىن تارتىپ تاكى سىلەر ئىبادەتخانىدىكى مۇقەددەس جاي بىلەن قۇربانگاھنىڭ ئارىلىقىدا ئۆلتۈرگەن بەرەكىيانىڭ ئوغلى زەكەرىيانىڭ قان قەرزىگىچە...»** — ھابىلنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرۇلۇق «يار.» 4:8-11، زەكەرىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى «2تار.» 24:20-22نى كۆرۈڭ. بۇ ئىككى ۋەقە يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتنى ئەنئەنىۋى ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپى بويىچە تەۋراتنىڭ ئەڭ بېشىدا ۋە ئايىغىدا خاتىرىلىنىدۇ.
—«2تار.» 24:20-22 بويىچە زەكەرىيانىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى «يەھويادا» ئىدى. «بەرەكىيا» ئۇنىڭ باشقا ئىسمى بولسا كېرەك («يەھويادا» ھەم «بەرەكىيا» دېگەن ئىككى ئىسىم «ياھقا (پەرۋەردىگارغا) مەدھىيە ئوقۇلسۇن» دېگەن مەنىدىكى مەنىداش سۆزلەردۇر).
**35:23** يار. 4:8؛ 2تار. 24:21؛ ئىبر. 11:4.
37:23 **«ئەي يېرۇسالېم، يېرۇسالېم!...»** — مۇقەددەس كىتابتا، ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىم چاقىرىش — ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ۋە ئۆزىگە تولىمۇ ئەزىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. **«مېكىيان ئۆز چۈجىلىرىنى قانات ئاستىغا يىغقاندەك پەرزەنتلىرىڭنى قانچە قېتىم قوينۇمغا ئالماقچى بولدۇم، لېكىن سىلەر ئۇنىمىدىڭلار!»** — «پەرزەنتلىرىڭ» — يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
**37:23** زەب. 17:8؛ 91:4؛ مات. 21:35، 36؛ لۇقا 13:34.

[38] مانا، ئەمدى ئۆيۈڭلار سىلەرگە خارابە بولۇپ قالىدۇ! [39] چۈنكى مەن
شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، سىلەر: «پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا
كەلگۈچىگە مۇبارەك بولسۇن!» دېمىگۈچە، سىلەر مېنى قايتىدىن
ھېچ كۆرەلمەيسىلەر.

## ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن بېشارەت؛ ئاخىرقى زامانلاردىكى ئالامەتلەر

مار. 1:13-31؛ لۇقا 5:21-33

24 [1] ئەيسا ئىبادەتخانىدىن چىقىپ، ئالدىغا كېتىۋاتقاندا،
مۇخلىسلىرى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى ئىبادەتخانا
بىنالىرىغا تارتماقچى بولدى.
[2] ئۇ ئۇلارغا:
مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ مەن سىلەرگە بەرھەق
شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەردە بىر تال تاشمۇ تاش ئۈستىدە
قالمايدۇ، ھەممىسى قالدۇرۇلماي گۇمران قىلىنىدۇ ــ دېدى.

38:23 **«...ئۆيۈڭلار سىلەرگە خارابە بولۇپ قالىدۇ»** ــ ئۈچ بىسلىق سۆز بولۇپ:
ــ(1) خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى (لېكىن مەسىھنىڭ «سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار» دېگىنى بويىچە بۇ ئۆي ھازىر خۇدانىڭكى ئەمەس، پەقەت سىلەرنىڭكىدۇر)؛
ــ ــ(2) ئۆزلىرىنىڭ قورۇ-جايلىرى؛
ــ ــ(3) بالا-چاقىلىرىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**38:23** زەب. 25:69؛ يەش. 7:1؛ يەر. 34:7؛ مىك. 12:3؛ روس. 20:1.

39:23 **«پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچىگە مۇبارەك بولسۇن!»** ــ مۇشۇ ئىبارە زەبۇر 26:118تىن ئېلىنغان بولۇپ، خەلقنىڭ مەسىھنى قارشى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ئېتىراپ قىلمىغۇچە ئۇلار ئۇنى قايتا كۆرمەيدۇ. بۇ سۆز شۇ مۇھىم پاكىتنى كۆرسىتىدۇكى، ئەيسا مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كەلگىنىدە، يەھۇدىي خەلقى ئالىلقاچان ئۇنىڭغا ئېتىقاد باغلاپ ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ.

**39:23** زەب. 26:118.

**1:24** مار. 1:13؛ لۇقا 5:21.

**2:24** 1پاد. 7:9، 8؛ مىك. 12:3؛ لۇقا 44:19.

## كەلگۈسى توغرىسىدىكى بېشارەتلەر

[3]ئۇ زەيتۇن تېغىدا ئولتۇرغاندا، مۇخلىسلىرى ئاستىغىنا ئۇنىڭ
يېنىغا كېلىپ:
بىزگە ئېيتقىنچۇ، بۇ دېگەنلىرىڭ قاچان يۈز بېرىدۇ؟ سېنىڭ قايتىپ
كېلىشىڭ ۋە زاماننىڭ ئاخىرىنى كۆرسىتىدىغان قانداق ئالامەت
بولىدۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. [4]ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
ھېزى بولۇڭلاركى، ھېچكىم سىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن. [5]چۈنكى
نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ نامىمدا كېلىپ: «مەسىھ مەن بولىمەن»
دەپ، كۆپ ئادەملەرنى ئازدۇرىدۇ. [6]سىلەر ئۇرۇش خەۋەرلىرى ۋە ئۇرۇش
شەپىلىرىنى ئاڭلايسىلەر، بۇلاردىن ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭلار؛ چۈنكى
بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر. لېكىن بۇلار ئاخىرەت ئەمەس.
[7]چۈنكى بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ، بىر
پادىشاھلىق يەنە بىر پادىشاھلىق بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ. جاي-
جايلاردا ئاچارچىلىق، ۋابالار ۋە يەر تەۋرەشلەر يۈز بېرىدۇ. [8]لېكىن
بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى «تۇغۇتنىڭ تولغىقىنىڭ باشلىنىشى»
بولىدۇ، خالاس.
[9]ئاندىن كىشىلەر سىلەرنى تۇتۇپ، ئازاب-ئوقۇبەتكە سېلىپ
ئۆلتۈرىدۇ، مېنىڭ نامىم ۋەجىدىن پۈتكۈل ئەللەر سىلەردىن نەپرە

---

**3:24** مار. 1:13، 3؛ لۇقا 7:21؛ روس. 6:1.

**4:24** يەر. 8:29؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 2تېس. 3:2؛ 1يۇھ. 1:4.

**5:24** يەر. 14:14؛ 25:23؛ يۇھ. 43:5.

7:24 **«بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ، بىر پادىشاھلىق يەنە بىر پادىشاھلىق بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا (شۇنداقلا گرېك تىلىدا) بۇ ئىبارە دۇنيا بويىچە كېڭەيگەن ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («يەش.» 2:19، «2تار.» 3:15-6دە بۇ تۇراقلىق ئىبارە توغرۇلۇق مىساللار بار.

**7:24** يەش. 2:19.

8:24 **«لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى «تۇغۇتنىڭ تولغىقىنىڭ باشلىنىشى» بولىدۇ، خالاس»** ــ ئەيسا مەسىھ قايسى ئىش «تۇغۇلىدۇ»، ئۇنى بىۋاسىتە دېمەيدۇ. تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە قارىغاندا ئۇ «يېڭى زامان»نىڭ تۇغۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.

تىلىنىدۇ. [10] شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلار ئېتىقادىدىن تانىدۇ، بىر-بىرىنى
تۇتۇپ بېرىدۇ ۋە بىر-بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. [11] نۇرغۇن ساختا
پەيغەمبەرلەر مەيدانغا چىقىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ.
[12] ئىتائەتسىزلىك-رەزىللىكلەرنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن،
نۇرغۇن كىشىلەردىكى مېھىر-مۇھەببەت سوۋۇپ كېتىدۇ. [13] لېكىن
ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرگەنلەر قۇتقۇزۇلىدۇ. [14] بارلىق ئەللەرگە
ئاگاھ-گۇۋاھلىق بولسۇن ئۈچۈن، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ھەققىدىكى
بۇ خۇش خەۋەر پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلىنىدۇ؛ ئاندىن زامان ئاخىرى
بولىدۇ.

## يېرۇسالېمدا ۋەيران قىلغۇچى «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» پەيدا بولىدۇ

[15] دانىيال پەيغەمبەر قەيت قىلغان «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك
نومۇسسىزلىق»نىڭ مۇقەددەس جايدا تۇرغىنىنى كۆرگىنىڭلاردا
(كىتابخان بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەي)، [16] يەھۇدىيە
ئۆلكىسىدە تۇرۇۋاتقانلار تاغلارغا قاچسۇن؛ [17] ئۆگزىدە تۇرغان كىشى
ئۆيىدىكى نەرسە-كېرەكلىرىنى ئالغىلى چۈشمەيلا قاچسۇن.
[18] ئېتىزلىقتا تۇرغان كىشىمۇ چاپىنىنى ئالغىلى ئۆيىگە يانمىسۇن.

**9:24** مات. 17:10؛ لۇقا 11:21، 12؛ يۇھ. 20:15؛ 2:16؛ ۋەھ. 10:2.

**10:24 «نۇرغۇنلار ئېتىقادتىن تانىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا «نۇرغۇنلار پۇتلاشتۇرۇلىدۇ» دېيىلىدۇ.
شۇڭا باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «نۇرغۇنلار گۇناھقا ئازدۇرۇلىدۇ».

**11:24** 2پېت. 1:2.

**12:24** 2تىم. 1:3.

**13:24** مات. 22:10؛ مار. 13:13؛ لۇقا 19:21؛ ۋەھ. 2:7، 10؛ 10:3.

**14:24 «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ھەققىدىكى بۇ خۇش خەۋەر»** ــ گرېك تىلىدا «پادىشاھلىقنىڭ بۇ خۇش خەۋىرى» دېيىلىدۇ.

**15:24 «دانىيال پەيغەمبەر قەيت قىلغان «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»»**
ــ «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» توغرىسىدا «دان.» 9:24-27نى ۋە ئۇ توغرۇلۇق
ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

**15:24** دان. 27:9؛ مار. 14:13؛ لۇقا 20:21؛ 2تېس. 4:2

**[19]ئۇ كۈنلەردە ھامىلىدار ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقانلارنىڭ ھالىغا**
**ۋاي! [20]قاچىدىغان ۋاقتىڭلارنىڭ قىش ياكى شابات كۈنىگە توغرا**
**كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار. [21]چۈنكى ئۇ چاغدا**
**دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن مۇشۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەم**
**كەلگۈسىدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت بولىدۇ.**
**[22]ئۇ كۈنلەر ئازايتىلمىسا، ھېچقانداق ئەت ئىگىسى قۇتۇلالمايتتى؛**
**لېكىن خۇدانىڭ ئۆز تاللىغانلىرى ئۈچۈن ئۇ كۈنلەر ئازايتىلىدۇ.**
**[23]ئەگەر ئۇ چاغدا بىرسى سىلەرگە: «قاراڭلار، بۇ يەردە مەسىھ بار!»**
**ياكى «مەسىھ ئەنە ئۇ يەردە!» دېسە، ئىشەنمەڭلار. [24]چۈنكى ساختا**
**مەسىھلەر ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر مەيدانغا چىقىدۇ، قالتىس**
**مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن**
**ئەگەر مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئۇلار ھەتتا خۇدا تاللىغانلارنىمۇ**
**ئازدۇراتتى. [25]مانا، مەن بۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن بۇرۇن سىلەرگە**
**ئۇقتۇرۇپ قويدۇم.**
**[26]شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرسى سىلەرگە: «قاراڭلار، ئۇ چۆل-باياۋاندا!»**
**دېسە، ئۇ يەرگە بارماڭلار. «قاراڭلار، ئۇ ئىچكىرىدىكى ئۆيلەردە!»**

---

19:24 **«ئۇ كۈنلەردە ھامىلىدار ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!»** — ئۇنداق كىشىلەرگە قېچىش ئەپسىز بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

20:24 **«قاچىدىغان ۋاقتىڭلارنىڭ قىش ياكى شابات كۈنىگە توغرا كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار»** — يەھۇدىي دىنىي ئەربابلارنىڭ تەۋرات قانۇنىغا بولغان چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، يەھۇدىيلار ئادەتتە شابات (دەم ئېلىش) كۈنىدە شەھەر دەرۋازىسى ۋە دۇكانلارنى تاقىشى كېرەك. بۇ كۈنى سەپەر قىلىش مەنئى قىلىنغان بولغاچقا، قانائاندا (پەلەستىندە) تۇرغانلارغا نىسبەتەن يېمەكلىك سېتىۋېلىش ۋە باشقا يەرلەرگە قېچىش ئىنتايىن قولايسىز بولىدۇ. «قىش»تا يەھۇدىيەدە دەريا-ۋادىلاردا سۇ پات-پات تېشىپ تۇرغاچقا، قىشتىمۇ قېچىش ئىنتايىن تەس بولىدۇ.

**20:24** روس. 12:1.

**21:24** دان. 1:12.

**23:24** مار. 21:13؛ لۇقا 21:8.

**24:24** قان. 13:2؛ 2تېس. 2:11.

دېسە، ئېشەنمەڭلار. [27] چۈنكى چاقماق شەرقتىن غەربكە يالت-يۇلت
قىلىپ قانداق چاقنىغان بولسا، ئىنسانئوغلىنىڭ كېلىشى شۇنداق
بولىدۇ. [28] چۈنكى جەسەت قايسى يەردە بولسا، ئۇ يەردىمۇ قۇزغۇنلار
توپلىشىدۇ!

## ئىنسانئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىشى

[29] ئۇ كۈنلەردىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۆتۈپ كەتكەن ھامان، قۇياش
قارىيىدۇ، ئاي يورۇقلۇقىنى بەرمەيدۇ، يۇلتۇزلار ئاسماندىن
تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ، ئاسماندىكى كۈچلەر لەرزىگە كېلىدۇ.
[30] ئاندىن ئىنسانئوغلىنىڭ ئالامىتى ئاسماندىن كۆرۈنىدۇ؛
يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل قەبىلىلەر يىغا-زار كۆتۈرۈشىدۇ. ئۇلار
ئىنسانئوغلىنىڭ كۈچ-قۇدرەت ۋە ئۇلۇغ شان-شەرەپ ئىچىدە
ئاسماندىكى بۇلۇتلار ئۈستىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. [31] ئۇ
پەرىشتىلىرىنى زور جاراڭلىق بىر كاناي ساداسى بىلەن ئەۋەتىدۇ،
ئۇلار ئۇنىڭ تاللىغانلىرىنى دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن، ئاسماننىڭ

---

**26:24** لۇقا 23:17.

**28:24 «چۈنكى جەسەت قايسى يەردە بولسا، ئۇ يەردىمۇ قۇزغۇنلار توپلىشىدۇ!»** — بۇ سىرلىق سۆزنىڭ مەنىسى تەۋرات، «ئايۇپ» 26:39-30 ۋە «يەش.» 1:34-8، 15-17-ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت بولۇشى كېرەك. شۇ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەندەك، «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دە زور قىرغىنچىلىق بولۇشى كېرەك.

**28:24** ئايۇپ 30:39؛ لۇقا 37:17.

**29:24 «... قۇياش قارىيىدۇ، ئاي يورۇقلۇقىنى بەرمەيدۇ، يۇلتۇزلار ئاسماندىن تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ، ئاسماندىكى كۈچلەر لەرزىگە كېلىدۇ»** — «يەش.» 10:13، 4:34، «يو.» 10:2نى كۆرۈڭ. «ئاسماندىكى كۈچلەر» بەلكىم بارلىق جىن-شەيتانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «لەرزىگە كېلىدۇ» بەلكىم ئۇلارنىڭ كۈچتىن قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**29:24** يەش. 10:13؛ 4:34؛ ئەز. 7:32؛ يو. 31:2؛ 15:3؛ مار. 24:13؛ لۇقا 25:21.

**30:24 «يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل قەبىلىلەر يىغا-زار كۆتۈرۈشىدۇ»** — «زەك.» 10:12نى كۆرۈڭ. **«ئۇلار ئىنسانئوغلىنىڭ كۈچ-قۇدرەت ۋە ئۇلۇغ شان-شەرەپ ئىچىدە ئاسماندىكى بۇلۇتلار ئۈستىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ»** — «دان.» 13:7نى كۆرۈڭ.

**30:24** دان. 10:7؛ مات. 27:16؛ 31:25؛ 64:26؛ مار. 26:13؛ 62:14؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە ھەريەردىن يىغىپ بىر يەرگە
جەم قىلىدۇ.

## ئەنجۈر دەرىخىدىن ساۋاق ئېلىش

[32] ئەنجۈر دەرىخىدىن مۇنداق تەمسىلنى بىلىۋېلىڭلار: ــ ئۇنىڭ
شاخلىرى كۆكىرىپ يوپۇرماق چىقارغاندا، يازنىڭ يېقىنلاپ
قالغانلىقىنى بىلىسىلەر. [33] خۇددى شۇنىڭدەك، مەن بايا
دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كۆرگىنىڭلاردا، ئۇنىڭ يېقىنلاپ
قالغانلىقىنى، ھەتتا ئىشىك ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار.
[34] مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ ئالامەتلەرنىڭ
ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي تۇرۇپ، بۇ دەۋر ئۆتمەيدۇ. [35] ئاسمان-
زېمىن يوقىلىدۇ، بىراق مېنىڭ سۆزلىرىم ھەرگىز يوقالمايدۇ.
[36] لېكىن شۇ كۈنى ۋە ۋاقىت-سائىتىنىڭ خەۋىرىنى بولسا، ھېچكىم
بىلمەيدۇ ــ ھەتتا ئەرشتىكى پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدۇ، ئۇنى پەقەت

---

31:24 **« پەرىشتىلەر ئۇنىڭ تاللىغانلىرىنى دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن،... ھەريەردىن يىغىپ بىر يەرگە جەم قىلىدۇ»** ــ «دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن» گرېك تىلىدا «تۆت شامىلدىن» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**31:24** 1يۇش. 27:13؛ زەك. 9:14؛ كور. 52:15؛ 1تېس. 16:4؛ ۋەھ. 7:10، 15:11

**32:24** مار. 28:13؛ لۇقا 29:21.

33:24 **«... ئۇنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى، ھەتتا ئىشىك ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار»** ــ بۇ تېكىستتىكى «ئۇنىڭ» ياكى ئىنسانئوغلىنىڭ ئۆزىنى، ياكى كېلىدىغان كۈننى، ياكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدۇ («لۇقا» 31:21نى كۆرۈڭ).

34:24 **«... بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي تۇرۇپ، بۇ دەۋر ئۆتمەيدۇ»** ــ ئەگەر تىلغا ئېلىنغان ئالامەتلەر يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران بولۇشىغا (مىلادىيە 70-يىلى) (2:24) قارىتىلغان بولسا، ئۇنداقتا «دەۋر» دېگەن سۆز تەبىئىيكى (1) ئەيسانىڭ دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىگە (30:24) قارىتىلغان بولسا، «دەۋر» دېگەن سۆز بەلكىم (2) پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىنى (3) بۇ ئايەتلەردە ئېيتىلغان «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىكى ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىش دەۋرىدە ياشىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بارلىق ۋەقەلەر شۇ دەۋر ئىچىدە يۈز بېرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بىزنىڭچە (3) ـشەرھ ئالدى-كەينى ئايەتلەرگە ئەڭ باپ كېلىدۇ.

**35:24** زەب. 27-25:102؛ يەش. 6:51؛ مار. 31:13؛ ئىبر. 11:1.

# «بۈيۈك ھېرود» قۇرغان ئىبادەتخانا



ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەددەسخانا
(ئىسرائىلىيە يېرۇسالېمدىكى مۇزېيىسى)



ئىبادەتخانىنىڭ پۈتۈنى
(ھويلىلىرى بىلەن)

مىكائەل ئوسنىس ياسىغان ئەندىزە






ئاتاملا بىلىدۇ. [37] ئەمدى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كۈنلىرىدە قانداق
بولغان بولسا، ئىنسانئوغلى قايتىپ كەلگەندىمۇ شۇنداق بولىدۇ.
[38] چۈنكى توپان كېلىشتىن ئىلگىرىكى كۈنلەردە، نۇھ كېمىگە
كىرىپ ئولتۇرغان كۈنگىچە، شۇ زاماندىكى كىشىلەر يەپ-ئىچىپ،
ئۆيلىنىپ ۋە ياتلىق بولۇپ كەلگەنىدى. [39] توپان تۇيۇقسىز كېلىپ
ھەممىسىنى غەرق قىلغۇچە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولۇپ
تۇرغانغا ئوخشاش، ئىنسانئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىشىمۇ شۇنداق
بولىدۇ. [40] ئۇ كۈنى، ئېتىزدا ئىككى كىشى تۇرغان بولىدۇ؛ ئۇلاردىن
بىرى ئېلىپ كېتىلىدۇ، يەنە بىرى قالدۇرۇلىدۇ؛ [41] ئىككى ئايال
تۈگمەن بېشىدا تۇرۇپ ئۇن تارتىۋاتقان بولىدۇ؛ ئۇلاردىن بىرى ئېلىپ
كېتىلىدۇ، يەنە بىرى قالدۇرۇلىدۇ. [42] شۇنىڭ ئۈچۈن، ھوشيار بولۇڭلار،
چۈنكى رەببىڭلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى-سائىتىنى بىلمەي
سىلەر. [43] لېكىن شۇنى بىلىڭلاركى، ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئوغرىنىڭ
كېچىسى قايسى جېسەكتە كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، سەگەك
تۇرۇپ ئوغرىنىڭ ئۆيىنى تېشىپ كىرىشىگە ھەرگىز يول قويمايتتى.
[44] شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەرمۇ تەييار تۇرۇڭلار. چۈنكى ئىنسانئوغلى
سىلەر ئويلىمىغان ۋاقىت-سائەتتە قايتىپ كېلىدۇ!

---

36:24 **«لېكىن شۇ كۈنى ۋە ۋاقىت-سائىتىنىڭ خەۋىرىنى بولسا، ھېچكىم بىلمەيدۇ ــــ ھەتتا ئەرشتىكى پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدۇ، ئۇنى پەقەت ئاتاملا بىلىدۇ»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «نە ئوغۇل بىلمەيدۇ» دېگەن سۆزلەرمۇ تېپىلىدۇ.

**36:24** مار. 32:13؛ روس. 7:1.

**37:24** يار. 2:6؛ لۇقا 26:17؛ 1پېت. 20:3؛ 2پېت. 5:2.

**38:24** يار. 7:7.

**40:24** لۇقا 34:17؛ 1تېس. 17:4.

42:24 **«چۈنكى رەببىڭلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى-سائىتىنى بىلمەيسىلەر»** ــ ياكى «چۈنكى رەببىڭلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغان كۈننى بىلمەيسىلەر».

**42:24** مات. 13:25؛ مار. 33:13؛ لۇقا 40:12؛ 36:21.

**43:24** لۇقا 39:12؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16.

## ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىز چاكارلار

لۇقا 48-41:12

[45] خوجايىنى ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە مەسئۇل قىلىپ، ئۇلارغا ئوزۇق-
تۈلۈكىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە تەيىنلىگەن
ئىشەنچلىك ۋە پەملىك چاكار كىم بولىدۇ؟ [46] خوجايىن ئۆيىگە
قايتقاندا، چاكىرىنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە كەلسە، بۇ
چاكارنىڭ بەختىدۇر! [47] مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى،
خوجايىن ئۇنى پۈتۈن ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشقا قويىدۇ. [48] لېكىن
مۇبادا شۇ چاكار رەزىل بولۇپ كۆڭلىدە: «خوجايىنىم ھايال بولۇپ
قالىدۇ» دەپ ئويلاپ، [49] باشقا چاكار بۇرادەرلىرىنى بوزەك قىلىشقا
ۋە ھاراقكەشلەرگە ھەمراھ بولۇپ يەپ-ئىچىشكە باشلىسا، [50] شۇ
چاكارنىڭ خوجايىنى كۈتۈلمىگەن بىر كۈنى، ئويلىمىغان بىر ۋاقىتتا
قايتىپ كېلىدۇ [51] ۋە ئۇنى كېسىپ ئىككى پارچە قىلىپ، ئۇنىڭ
نېسىۋىسىنى ساختىپەزلەر بىلەن ئوخشاش تەقدىردە بېكىتىدۇ. شۇ
يەردە يىغا-زارلار كۆتۈرۈلىدۇ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ.

## ئون قىز قولداش توغرىسىدىكى تەمسىل

25 [1] ئۇ ۋاقىتتا، ئەرش پادىشاھلىقى خۇددى قوللىرىغا
چىراغلارنى ئېلىپ تويى بولغان يىگىتنى قاشچى ئېلىشقا
چىققان ئون قىز قولداشقا ئوخشايدۇ. [2] بۇ قىزلارنىڭ بەشى پەملىك،
بەشى بولسا پەمسىز. [3] پەمسىز قىزلار چىراغلىرىنى ئالغان بولسىمۇ،

---

**45:24 «ئۆز ئۆيىدىكىلەر»** — «ئۆيىدىكىلەر» مۇشۇ يەردە خوجايىنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكارلار ۋە چاكارلىرىنى كۆرسىتىدۇ. **«خوجايىنى ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە مەسئۇل قىلىپ، ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈكىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە تەيىنلىگەن ئىشەنچلىك ۋە پەملىك چاكار كىم بولىدۇ؟»** — بۇ سۆزلەر ئاۋۋال روسۇللار، ئاندىن خۇدانىڭ بارلىق خىزمەتكارلىرىغا قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ، ئەلۋەتتە («لۇقا» 48-41:12نى كۆرۈڭ).

**45:24** مات. 21:25؛ لۇقا 42:12.

**51:24** مات. 12:8؛ 42:13؛ 13:22؛ 30:25؛ لۇقا 28:13.

يېنىغا ماي ئېلىۋالماپتۇ. [4]پەملىك قىزلار بولسا چىراغلىرى بىلەن بىللە، قاچىلىرىدا مايمۇ ئېلىۋاپتۇ. [5]يىگىت كېچىكىپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيقۇ بېسىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.
[6]يېرىم كېچىدە: «مانا، يىگىت كەلدى، قارشى ئېلىشقا چىقىڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. [7]بۇنىڭ بىلەن بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغلىرىنى پەرلەپتۇ. [8]پەمسىز قىزلار پەملىك قىزلارغا: «چىراغلىرىمىز ئۆچۈپ قالغىلىۋاتىدۇ، مېيىڭلاردىن بېرىڭلارچۇ» دەپتۇ. [9]بىراق پەملىك قىزلار: «ياق، بولمايدۇ! بەرسەك، بىزگىمۇ ھەم سىلەرگىمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن. ياخشىسى، ئۆزۈڭلار ماي ساتقۇچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ سېتىۋېلىڭلار!» دەپتۇ. [10]لېكىن ئۇلار ماي سېتىۋالغىلى كېتىۋاتقاندا، يىگىت كېلىپ قاپتۇ، تەييار بولۇپ بولغان قىزلار ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە توي زىياپىتىگە كىرىپتۇ. ئىشىك تاقىلىپتۇ.
[11]كېيىن قالغان قىزلار قايتىپ كېلىپ: «غوجام، غوجام، ئىشىكنى ئېچىۋەتكەيلا!» دەپتۇ. [12]بىراق ئۇ: «سىلەرگە بەرھەق ئېيتايكى، مەن سىلەرنى تونۇمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
[13] شۇنىڭ ئۈچۈن سەگەك بولۇڭلار، چۈنكى نە ئىنسانئوغلىنىڭ كېلىدىغان كۈنىنى نە سائىتىنى بىلمەيسىلەر.

## «تالانت» تاپشۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەمسىل
## «تالانت» توغرۇلۇق 15-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

لۇقا 19:11-27

[14]ئەرش پادىشاھلىقى خۇددى ياقا يۇرتقا چىقماقچى بولۇپ، ئۆز چاكارلىرىنى چاقىرىپ دۇنياسىنى ئۇلارغا تاپشۇرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. [15]ئۇ ئادەم ھەربىر چاكارنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ، بىرسىگە بەش تالانت، بىرسىگە ئىككى تالانت، يەنە بىرسىگە بىر

**13:25** مات. 42:24؛ مار. 33:13، 35.
**14:25** لۇقا 12:19.

تالانت كۈمۈش تەڭگە بېرىپ، ياقا يۇرتقا يول ئاپتۇ. [16] بەش تالانت تەڭگە ئالغان چاكار بېرىپ ئوقەت قىلىپ، يەنە بەش تالانت تەڭگە پايدا تېپىپتۇ. [17] شۇ يولدا ئىككى تالانت تەڭگە ئالغىنىمۇ يەنە ئىككى تالانت تەڭگە پايدا ئاپتۇ. [18] لېكىن بىر تالانت تەڭگە ئالغىنى بولسا بېرىپ يەرنى كولاپ، خوجايىنى بەرگەن پۇلنى كۆمۈپ يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.
[19] ئەمدى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ چاكارلارنىڭ غوجىسى قايتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن ھېسابلىشىپتۇ. [20] بەش تالانت تەڭگە ئالغىنى يەنە بەش تالانت تەڭگىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ: «غوجام، سىلى ماڭا بەش تالانت تەڭگە تاپشۇرغانىدىلا. قارىسىلا، يەنە بەش تالانت تەڭگە پايدا ئالدىم» دەپتۇ. [21] خوجايىنى ئۇنىڭغا: «ئوبدان بوپتۇ! ياخشى ۋە ئىشەنچلىك چاكار ئىكەنسەن! مەن ساڭا ھاۋالە قىلغان كىچىككىنە ئىشتا ئىشەنچلىك بولۇپ چىقتىڭ، سېنى كۆپ ئىشلارغا قويىمەن. كەل، خوجايىنىڭنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بول!» دەپتۇ. [22] ئىككى تالانت تەڭگە ئالغىنىمۇ كېلىپ: «غوجام، سىلى ماڭا ئىككى تالانت تەڭگە تاپشۇرغانىدىلا. قارىسىلا، يەنە ئىككى تالانت تەڭگە پايدا ئالدىم» دەپتۇ. [23] خوجايىنى ئۇنىڭغا: «ناھايىتى ياخشى! ياخشى ۋە ئىشەنچلىك چاكار ئىكەنسەن! مەن ساڭا ھاۋالە قىلغان كىچىككىنە ئىشتا ئىشەنچلىك بولۇپ چىقتىڭ، سېنى كۆپ ئىشلارغا قويىمەن. كەل، خوجايىنىڭنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بول!» دەپتۇ.
[24] ئاندىن، بىر تالانت تەڭگە ئالغىنىمۇ كېلىپ: «غوجام، سىلىنىڭ چىڭ ئادەم ئىكەنلىكلىرىنى بىلەتتىم، چۈنكى ئۆزلىرى تېرىمىغان يەردىن ھوسۇلنى ئورۇۋالالايلا، ھەمدە ئۇرۇق چاچمىغان يەردىنمۇ خامان

---

15:25 **«ئۇ ئادەم ھەربىر چاكارنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ، بىرسىگە بەش تالانت، بىرسىگە ئىككى تالانت، يەنە بىرسىگە بىر تالانت كۈمۈش تەڭگە بېرىپ،...»** — ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولسۇنكى، شۇ چاغلاردا «تالانت» بىرخىل پۇل بىرلىكى، قىممەتلىك كۆمۈش تەڭگە ئىدى. يۇقىرىدىكى 24:18دىكى ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ. ئۇيغۇر تىلىدا «تالانت» دېگەن سۆز دائىم دەل شۇ تەمسىلدىن چىققان كۆچمە مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.
—شۇ چاغدا چاكارلارغا تاپشۇرۇلغان بۇ پۇللار بەلكىم تەخمىنەن 85000، 34000 ۋە 17000 دوللارغا توغرا كېلەتتى (2010 ھېسابلىناتتقان).

ئاللا. [25] شۇڭا قورقۇپ، سىلىنىڭ بەرگەن بىر تالانت تەڭگىلىرىنى
يەرگە كۆمۈپ يوشۇرۇپ قويغانىدىم. مانا پۇللىرىنى ئالسىلا» دەپتۇ.
[26] غوجىسى ئۇنىڭغا: «ئەي، رەزىل، ھورۇن چاكار! سەن مېنى تېرىمىغان
يەردىن ئورۇۋالىدىغان، ئۇرۇق چاچمىغان يەردىن خامان ئالىدىغان
ئادەم دەپ بىلىپ، [27] ھېچ بولمىغاندا پۇلۇمنى جازانىخورلارغا ئامانەت
قويۇشۇڭ كېرەك ئىدىغۇ! شۇنداق قىلغان بولساڭ مەن قايتىپ
كەلگەندە پۇلۇمنى ئۆسۈمى بىلەن ئالغان بولماتتىم؟! [28] شۇڭا، ئۇنىڭ
قولىدىكى تالانت تەڭگىنى ئېلىپ، ئون تالانت تەڭگە بار بولغانغا
بېرىڭلار! [29] چۈنكى كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ،
ئۇنىڭدا مولچىلىق بولىدۇ؛ ئەمما كىمدە يوق بولسا، ھەتتا ئۇنىڭدا
بار بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. [30] بۇ يارامسىز
چاكارنى تېشىدىكى قاراڭغۇلۇققا ئاچىقىپ تاشلاڭلار! ئۇ يەردە يىغا-
زارلار كۆتۈرۈلىدۇ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ» دەپتۇ.

## ئاخىرەتتىكى سوراق

[31] ئىنسانئوغلى ئۆز شان-شەرىپى ئىچىدە بارلىق پەرىشتىلىرى
بىلەن بىللە كەلگىنىدە، شەرەپلىك تەختىدە ئولتۇرىدۇ. [32] بارلىق
ئەللەر ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىلىدۇ. پادىچى قويلارنى ئۆچكىلەردىن
ئايرىغىنىدەك ئۇ ئۇلارنى ئايرىيدۇ؛ [33] ئۇ قويلارنى ئوڭ يېنىغا،

29:25 **«چۈنكى كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدا مولچىلىق بولىدۇ؛ ئەمما كىمدە يوق بولسا، ھەتتا ئۇنىڭدا بار بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ»** — بۇ ئەھمىيەتلىك سۆز 12:13دىمۇ تېپىلىدۇ.

**29:25** مات. 12:13؛ مار. 25:4؛ لۇقا 18:8؛ 26:19.

**30:25** مات. 12:8؛ 42:13؛ 13:22؛ 51:24؛ لۇقا 28:13.

**31:25** مات. 27:16؛ 64:26؛ مار. 62:14؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 16:4؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

32:25 **«بارلىق ئەللەر ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىلىدۇ»** — «ئەللەر» دېگەن بۇ سۆز ئىنجىلدىكى كۆپ يەرلەردە يەھۇدىي ئەمەس ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بەزىدە «يات ئەللەر» ياكى «تائىپىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىمىز.

**32:25** ئەز. 17:34، 20؛ مات. 49:13.

ئۆچكىلەرنى سول يېنىغا ئايرىيدۇ. [34]ئاندىن پادىشاھ ئوڭ
يېنىدىكىلەرگە: «ئەي ئاتام بەخت ئاتا قىلغانلار، كېلىڭلار! ئالەم
ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان پادىشاھلىقتا
ۋارىس بولۇپ ئىگە بولۇڭلار!
[35]چۈنكى ئاچ قالغىنىمدا سىلەر ماڭا يېمەكلىك بەردىڭلار، ئۇسسۇز
قالغىنىمدا ئۇسسۇلۇق بەردىڭلار، مۇساپىر بولۇپ يۈرگىنىمدە ئۆز
ئۆيۈڭلارغا ئالدىڭلار، [36]يالىڭاچ قالغىنىمدا كىيدۈردۈڭلار، كېسەل
بولۇپ قالغىنىمدا ھالىمدىن خەۋەر ئالدىڭلار، زىنداندا ياتقىنىمدا
يوقلاپ تۇردۇڭلار» ــ دەيدۇ.
[37]ئۇ چاغدا، ھەققانىي ئادەملەر ئۇنىڭغا: «ئى رەب، بىز سېنى
قاچان ئاچ كۆرۈپ ئوزۇق بەردۇق ياكى ئۇسسۇز كۆرۈپ ئۇسسۇلۇق
بەردۇق؟ [38]سېنى قاچان مۇساپىر كۆرۈپ ئۆيۈمىزگە ئالدۇق ياكى
يالىڭاچ كۆرۈپ كىيگۈزدۇق؟ [39]سېنىڭ قاچان كېسەل بولغىنىڭنى
ياكى زىنداندا ياتقىنىڭنى كۆرۈپ يوقلاپ باردۇق؟» دەپ سورايدۇ. [40]ۋە
پادىشاھ ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتايكى، مۇشۇ
قېرىنداشلىرىمدىن ئەڭ كىچىكىدىن بىرەرسىگە شۇلارنى
قىلغىنىڭلارمۇ، دەل ماڭا قىلغان بولدۇڭلار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
[41]ئاندىن ئۇ سول يېنىدىكىلەرگە: «ئەي لەنىتىلەر، كۆزۈمدىن
يوقىلىڭلار! شەيتان بىلەن ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە ھازىرلانغان
مەڭگۈ ئۆچمەس ئوتقا كىرىڭلار! [42]چۈنكى ئاچ قالغىنىمدا ماڭا ئوزۇق
بەرمىدىڭلار، ئۇسسۇز قالغىنىمدا ئۇسسۇلۇق بەرمىدىڭلار؛ [43]مۇساپىر

---

**34:25** مات. 23:20؛ مار. 40:10.

**35:25** يەش. 7:58؛ ئەز. 7:18؛ ئىبر. 2:13.

36:25 **«كېسەل بولۇپ قالغىنىمدا ھالىمدىن خەۋەر ئالدىڭلار»** ــ گرېك تىلدا «كېسەل بولۇپ قالغىنىمدا مېنى يوقلىدىڭلار». **«زىنداندا ياتقىنىمدا يوقلاپ تۇردۇڭلار»** ــ گرېك تىلدا «زىنداندا ياتقىنىمدا يېنىمغا كېلىپ تۇردۇڭلار».

**36:25** يەش. 7:58؛ 2تىم. 16:1؛ ياق. 15:2، 16.

**40:25** پەند. 17:19؛ مات. 42:10؛ مار. 41:9؛ يۇھ. 20:13؛ 2كور. 6:9.

**41:25** زەب. 8:6؛ يەش. 33:30؛ مات. 23:7؛ لۇقا 25:13، 27؛ ۋەھ. 20:19.

بولۇپ يۈرگىنىمدە ئۆز ئۆيۈڭلارغا ئالمىدىڭلار، يالىڭاچ قالغىنىمدا
كىيدۈرمىدىڭلار، كېسەل بولغىنىمدا ۋە زىنداندا ياتقىنىمدا
يوقلىمىدىڭلار» دەيدۇ.
[44] ئۇ چاغدا، ئۇلار: «ئى رەب، سېنى قاچان ئاچ، ئۇسسۇز، مۇساپىر،
يالىڭاچ، كېسەل ياكى زىنداندا كۆرۈپ تۇرۇپ خىزمىتىڭدە
بولمىدۇق؟» دەيدۇ. [45] ئاندىن پادىشاھ ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە بەرھەق
شۇنى ئېيتايكى، مۇشۇلاردىن ئەڭ كىچىكىدىن بىرىگە شۇنداق
قىلمىغىنىڭلار ماڭىمۇ قىلمىغان بولدۇڭلار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ
. [46] بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەڭگۈلۈك جازاغا كىرىپ كېتىدۇ، لېكىن
ھەققانىيلار بولسا مەڭگۈلۈك ھاياتقا كىرىدۇ.

## ئەيسانى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى

مار. 1:14-2؛ لۇقا 1:22-2؛ يۇھ. 45:11-53

26 [1] ئەيسا بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن،
مۇخلىسلىرىغا:
[2] — سىلەرگە مەلۇمكى، ئىككى كۈندىن كېيىن «ئۆتۈپ كېتىش
ھېيتى» بولىدۇ، شۇ چاغدا ئىنسانئوغلى كرېستلىنىش ئۈچۈن
تۇتۇپ بېرىلىدۇ، — دېدى.
[3] باش كاھىنلار ۋە ئاقساقاللار قاياپا ئىسىملىك باش كاھىنىنىڭ
سارىيىدا جەم بولۇشتى. [4] ئۇلار ئەيسانى قانداق قىلىپ ھىيلە-نەيرەڭ

**45:25** پەند. 31:14؛ 5:17؛ زەك. 12:2.

**46:25** دان. 2:12؛ يۇھ. 29:5.

2:26 **«شۇ چاغدا ئىنسانئوغلى كرېستلىنىش ئۈچۈن تۇتۇپ بېرىلىدۇ»** — «كرېستلەش» — كرېست (چاپراس ياغاچ)كە مىخلاش ئارقىلىق ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن ئىبارەت. دېمىسىمۇ بۇ ئادەمنى قاتتىق خارلايدىغان، ئىنتايىن دەھشەتلىك، رىم ئىمپېرىيەسى بويىچە ئەڭ ئازابلىق ئۆلۈم جازاسى ئىدى.

**2:26** مار. 1:14؛ لۇقا 1:22؛ يۇھ. 1:13

**3:26** زەب. 2:2؛ يۇھ. 47:11؛ روس. 27:4.

بىلەن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشتى. [5] بىراق ئۇلار:
بۇ ئىش ھېيت-ئايەم كۈنلىرى قىلىنمىسۇن. بولمىسا، خەلق ئارىسىدا مالىمانچىلىق چىقىشى مۇمكىن، ــ دېيىشتى.

## خۇداگۇيى ئايالنىڭ ئەيساغا ئەتىر چېچىشى

مار. 14:3-9؛ يۇھ. 12:1-8

[6] ئەمدى ئەيسا بەيت-ئانىيا يېزىسىدا، «سىمون ماخاۋ»نىڭ ئۆيىدە
بولغىنىدا، [7] بىر ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ ئاق قاشتېشى
شىشىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئەتىرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئەيسا
داستىخاندا ئولتۇرغاندا، ئەتىرنى ئۇنىڭ بېشىغا قۇيدى. [8] لېكىن
مۇخلىسلار بۇنى كۆرۈپ خاپا بولۇشۇپ:
زادى نېمىشقا بۇنداق ئىسراپچىلىق قىلىنىدۇ؟ [9] چۈنكى بۇ ئەتىرنى
كۆپ پۇلغا سېتىپ، پۇلىنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلسا بولاتتىغۇ!
ــ دېيىشتى.
[10] لېكىن ئەيسا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ ئۇلارغا:
بۇ ئايالنىڭ كۆڭلىنى نېمە دەپ ئاغرىتىسىلەر؟ چۈنكى ئۇ مەن ئۈچۈن
ياخشى بىر ئىشنى قىلدى. [11] چۈنكى كەمبەغەللەر دائىم سىلەرنىڭ
ئاراڭلاردا بولىدۇ، لېكىن مېنىڭ ئاراڭلاردا بولۇشۇم سىلەرگە دائىم
نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ! [12] بۇ ئايالنىڭ بۇ ئەتىرنى بەدىنىمگە قۇيۇشى
مېنىڭ دەپنە قىلىنىشىمغا تەييار بولۇشۇم ئۈچۈن بولدى. [13] مەن
سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ خۇش خەۋەر پۈتكۈل

---

6:26 **«ئەيسا بەيت-ئانىيا يېزىسىدا، «سىمون ماخاۋ»نىڭ ئۆيىدە بولغىنىدا...»** ــ «سىمون ماخاۋ» ياكى ««ماخاۋ كېسىلى» دېيىلىدىغان سىمون». بۇ سىمون بەلكىم ئىلگىرى ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. بىزنىڭچە بۇ ئىش بىلەن «يۇھ.» 12:1-11دا خاتىرىلەنگەن ۋەقە بىر ئىشتۇر.

**7:26** مار. 14:3؛ لۇقا 7:37؛ يۇھ. 11:2؛ 12:3.

**11:26** قان. 15:11؛ مار. 14:7؛ يۇھ. 12:8.

دۇنيانىڭ قەيېرىدە جاكارلانسا، بۇ ئايال ئەسلىنىپ، ئۇنىڭ قىلغان
بۇ ئىشى تەرىپلىنىدۇ، ــ دېدى.

## يەھۇدا ئەيساغا ساتقۇنلۇق قىلىشقا ۋەدە قىلىدۇ

[14] بۇ ئىشتىن كېيىن، ئون ئىككىيلەندىن يەھۇدا ئىشقارىيوت
ئىسىملىك بىرى باش كاھىنلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
[15] ــ ئۇنى تۇتۇپ بەرسەم، ماڭا نېمە بېرىسىلەر؟ ــ دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ
ئالدىغا ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە قويدى. [16] يەھۇدا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
ئۇنى تۇتۇپ بېرىشكە مۇۋاپىق پۇرسەت ئىزدەشكە باشلىدى.

## «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نىڭ كەچلىك تامىقى

مار. 14:12-22؛ لۇقا 22:7-14، 21-23؛ يۇھ. 13:21-30

[17] پېتىر نان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى، مۇخلىسلار ئەيسانىڭ يېنىغا
كېلىپ:
ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تامىقىنى يېيىشىڭ ئۈچۈن قەيەردە
تەييارلىشىمىزنى خالايسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
[18] ئۇ ئۇلارغا:
شەھەرگە كىرىپ پالانچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا: «ئۇستاز:

**14:26 «يەھۇدا ئىشقارىيوت ئىسىملىك بىرى باش كاھىنلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ...»** ــ شۇ چاغدا ئىككى «باش كاھىن» بار ئىدى ــ «ئانناس» ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى «قاياپا».

**14:26** مار. 14:10؛ لۇقا 22:4.

**15:26** زەك. 11:12.

**17:26 «پېتىر نان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى...»** ــ «پېتىر نان ھېيتى» يەتتە كۈن بولىدۇ، بىرىنچى كۈنى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»مۇ تەڭ بولىدۇ. بۇ كۈنى، يەھۇدىيلار قوي سويۇپ، ئۆيلىرىدە قوي گۆشى، پېتىر نان يەيدۇ («مىس.» 12-باب، «لاۋ.» 23:4-8، «چۆل.» 28:16-25نى كۆرۈڭ). **«ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تامىقىنى يېيىشىڭ ئۈچۈن قەيەردە تەييارلىشىمىزنى خالايسەن؟»** ــ «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تامىقى»نىڭ مۇھىم قىسمى «ئۆتۈپ كېتىش قۇربانلىق قوزىسى» ئىدى («مىس.» 12:3-11، «لاۋ.» 23:5، «چۆل.» 28:16، «قان.» 16:1-7نى كۆرۈڭ).

**17:26** مىس. 12:17؛ مار. 14:12؛ لۇقا 22:7.

**ــ ۋاقىت-سائىتىم يېقىنلىشىپ قالدى، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى**
**مۇخلىسلىرىم بىلەن بىرلىكتە سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئۆتكۈزەي ــ دەيدۇ»**
**دەپ ئېيتىڭلار، ــ دېدى.**
**[19] مۇخلىسلار ئەيسانىڭ تاپىلىغىنىدەك ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ**
**تاماقىنى شۇ يەردە تەييارلىدى. [20] كەچقۇرۇن، ئۇ ئون ئىككىيلەن**
**بىلەن داستىخاندا ئولتۇردى. [21] ئۇلار غىزالىنىۋاتقاندا ئۇ:**
**مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئاراڭلاردىكى بىرەيلەن**
**ماڭا ساتقۇنلۇق قىلىدۇ، ــ دېدى.**
**[22] بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار ئىنتايىن قايغۇغا چۆمۈپ، بىر-بىرلەپ ئۇنىڭدىن:**
**يا رەب، مەن ئەمەستىمەن؟ ــ دەپ سوراشقا باشلىدى.**
**[23] ئۇ جاۋابەن: ــ قولىدىكى ناننى مەن بىلەن تەڭ تاۋاققا تۆگۈرگەن**
**كىشى، ماڭا ساتقۇنلۇق قىلغۇچى شۇ بولىدۇ. [24] ئىنسانئوغلى دەرۋەقە**
**مۇقەددەس يازمىلاردا ئۆزى توغرىسىدا پۈتۈلگىنىدەك ئۆلۈمگە**
**كېتىدۇ؛ بىراق ئىنسانئوغلىنىڭ تۇتۇپ بېرىلىشىگە ۋاسىتىچى**
**بولغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇ ئادەم تۇغۇلمىغان بولسا ياخشى**
**بولاتتى! ــ دېدى.**
**[25] ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلىدىغان يەھۇدا:**
**ئۇستاز، مەن ئەمەستىمەن؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ ئۇنىڭغا:**
**ئۆزۈڭ دېدىڭ جۇمۇ، ــ دېدى.**

---

**20:26** مار. 17:14؛ لۇقا 14:22؛ يـۇھ. 21:13.

**21:26** روس. 17:1.

**23:26** زەب. 9:41؛ لۇقا 21:22؛ يـۇھ. 18:13.

25:26 **«ئۇستاز، مەن ئەمەستىمەن؟»** ــ «ئۇستاز» ــ ئىبراني تىلىدا «رابىي» دېيىلىدۇ.
**«ئۆزۈڭ دېدىڭ جۇمۇ»** ــ مەنىسى، «دەل سەن» بولىدۇ.
—يەھۇدا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال چىقىپ باش كاھىنلارنىڭ يېنىغا بارغان بولسا كېرەك. «ماركۇس»، «لۇقا»، «يۇھاننا»دىكى ««ئۆتۈپ كېتىش» ھېيتىنىڭ كەچلىك تامىقى» توغرىسىدىكى بايانلارنى كۆرۈڭ.

## «رەبنىڭ زىياپىتى»

مار. 14:22-26؛ لۇقا 22:15-20؛ 1كور. 11:23-25

26 ئۇلار غىزالىنىۋاتقاندا، ئەيسا بىر ناننى قولىغا ئېلىپ خۇداغا
تەشەككۈر-ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنى ئوشتۇپ،
مۇخلىسلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى ۋە:
ئېلىڭلار، يەڭلار، بۇ مېنىڭ تېنىم، ــ دېدى.
27 ئاندىن، قولىغا جامنى ئېلىپ خۇداغا تەشەككۈر-ھەمدۇسانا
ئېيتىپ، ئۇنى مۇخلىسلىرىغا تۇتۇپ:

ــ ھەممەيلەن بۇنىڭدىن ئىچىڭلار. 28 بۇ مېنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ
گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن تۆكۈلىدىغان، يېڭى
ئەھدىنى تۈزىدىغان قېنىمدۇر. 29 لېكىن مەن شۇنى سىلەرگە
ئېيتايكى، ئاتامنىڭ پادىشاھلىقىدا سىلەر بىلەن بىرلىكتە
يېڭىدىن شارابتىن ئىچمىگۈچە، ئۈزۈم تېلىنىڭ شەربىتىنى ھەرگىز
ئىچمەيمەن، ــ دېدى.
30 ئۇلار مەدھىيە كۈيىنى ئېيتقاندىن كېيىن تالاغا چىقىپ، زەيتۇن
تېغىغا قاراپ كېتىشتى.

---

26:26 **«ئەيسا بىر ناننى قولىغا ئېلىپ خۇداغا تەشەككۈر-ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن...»** ــ ياكى «ئەيسا بىر ناننى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى بەرىكەتلىگەندىن كېيىن،...».

**26:26** مار. 14:22؛ لۇقا 22:19؛ 1كور. 11:23.

28:26 **«بۇ مېنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن تۆكۈلىدىغان، يېڭى ئەھدىنى تۈزىدىغان قېنىمدۇر»** ــ «يېڭى ئەھدە» ياكى «خۇدانىڭ ئەھدىسى» ياكى «مەڭگۈلۈك ئەھدە». تەۋرات، «يەر.» 31:31-34، «ئەز.» 36:25-27، «لۇقا» 22:20نى، «ئىبر.» 13:20 ۋە «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**28:26** مىس. 24:8.

**30:26** مار. 14:26؛ لۇقا 22:39؛ يۇھ. 18:1.

## مۇخلىسلارنىڭ ئەيسادىن ۋاز كېچىشى

مار. 14:27-31؛ لۇقا 22:31-34؛ يـۇھ. 13:36-38

[31] ئاندىن ئەيسا ئۇلارغا:
بۈگۈن كېچە سىلەر ھەممىڭلار مېنىڭ تۈپەيلىمدىن تاندۇرۇلۇپ
پۇتلىشىسىلەر، چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا: ــ
«مەن پادىچىنى ئۇرۇۋېتىمەن،
پادىدىكى قويلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىتىۋېتىلىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن.
[32] لېكىن مەن تىرىلگەندىن كېيىن گالىلىيەگە سىلەردىن بۇرۇن
بارىمەن، ــ دېدى.

[33] پېترۇس ئۇنىڭغا جاۋابەن:
ھەممەيلەن سېنىڭ تۈپەيلىڭدىن تاندۇرۇلۇپ پۇتلاشسىمۇ، مەن
ھەرگىز پۇتلاشمايمەن، دېدى.
[34] ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ مەن ساڭا بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۈگۈن
كېچە خوراز چىللاشتىن بۇرۇن، سەن مەندىن ئۈچ قېتىم تانىسەن، ــ
دېدى.
[35] پېترۇس ئۇنىڭغا:
سەن بىلەن بىللە ئۆلۈشۈم كېرەك بولسىمۇ، سەندىن ھەرگىز
تانمايمەن، ــ دېدى. قالغان مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسىمۇ شۇنداق
دېيىشتى.

---

31:26 **«مەن پادىچىنى ئۇرۇۋېتىمەن، *پادىدىكى قويلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىتىۋېتىلىدۇ»** ــ «زەك.» 13:7. مۇشۇ بېشارەتتە سۆزلىگۈچى خۇدانىڭ ئۆزى، ئەلۋەتتە.

**31:26** زەك. 13:7؛ يـۇھ. 16:32.

**32:26** مار. 14:28؛ 16:7.

**33:26** لۇقا 22:33.

**34:26** يـۇھ. 13:38.

## ئەيسانىڭ گېتسىمانە باغچىسىدىكى دۇئا-تىلاۋىتى

مار. 42-32:14؛ لۇقا 46-39:22

[36] ئاندىن ئەيسا ئۇلار بىلەن بىللە گېتسىمانە دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ
مۇخلىسلارغا: «مەن ئۇ ياققا بېرىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ كەلگۈچە،
مۇشۇ جايدا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار» دېدى. [37] ئۇ پېترۇسنى، شۇنداقلا
زەبەدىينىڭ ئىككى ئوغلىنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى ۋە قاتتىق
ئازابلىنىپ، كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان بولۇشقا باشلىدى. [38] ئۇ ئۇلارغا:
جېنىم ئۆلىدىغاندەك بەكمۇ ئازابلانماقتا. سىلەر بۇ يەردە قېلىپ،
مەن بىلەن بىرلىكتە ئويغاق تۇرۇڭلار، — دېۋىدى، [39] سەل نېرىراق
بېرىپ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ دۈم يېتىپ دۇئا قىلىپ:
ئى ئاتام، مۇمكىن بولسا، بۇ قەدەھ مەندىن ئۆتۈپ كەتسۇن! لېكىن بۇ
ئىش مەن خالىغاندەك ئەمەس، سەن خالىغاندەك بولسۇن، — دېدى.
[40] ئۇ مۇخلىسلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ
قالغانلىقىنى كۆرۈپ، پېترۇسقا:
مەن بىلەن بىللە بىرەر سائەتمۇ ئويغاق تۇرالمىدىڭلارمۇ؟!
[41] ئېزىقتۇرۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئويغاق تۇرۇپ دۇئا قىلىڭلار.
روھ پىداكار بولسىمۇ، لېكىن كىشىنىڭ ئەتلىرى ئاجىزدۇر، — دېدى.

---

**36:26** مار. 32:14؛ لۇقا 39:22؛ يـۇھ. 1:18.

**37:26** **«زەبەدىينىڭ ئىككى ئوغلى»** — ياقۇپ ۋە يۇھاننا.

**38:26** يـۇھ. 27:12.

**39:26** **«ئى ئاتام، مۇمكىن بولسا، بۇ قەدەھ مەندىن ئۆتۈپ كەتسۇن! لېكىن بۇ ئىش مەن خالىغاندەك ئەمەس، سەن خالىغاندەك بولسۇن»** — «بۇ قەدەھ» ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەۋراتنىڭ كۆپ يەرلىرىدە «قەدەھ» دەل شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن «زەب.» 8:75، «يەش.» 17:51، 22، «يەر.» 15:25نى).

**39:26** مات. 22:20، 23؛ لۇقا 41:22؛ يـۇھ. 38:6.

**41:26** **«روھ پىداكار بولسىمۇ، لېكىن كىشىنىڭ ئەتلىرى ئاجىزدۇر»** — «كىشىنىڭ ئەتلىرى» گرېك تىلىدا «ئەت». ئىنجىلدا «ئەت» ياكى «ئەت-تەن» دائىم دېگۈدەك ئادەمنىڭ ئۆز تېنى تەرىپىدىن ئازدۇرۇلىدىغان، گۇناھكار تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**41:26** گال. 17:5.

42 ئۇ ئىككىنچى قېتىم بېرىپ، يەنە دۇئا قىلىپ:
ئى ئاتام، ئەگەر مەن بۇ قەدەھنى ئىچمىسەم ئۇ مەندىن كەتمىسە، ئۇنداقتا سېنىڭ ئىرادەڭ ئادا قىلىنسۇن، ــ دېدى. 43 ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىدە، يەنە ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا ئىلىنغانىدى.
44 شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئۈچىنچى قېتىم بېرىپ، يەنە شۇ سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلدى.
45 ئاندىن ئۇ مۇخلىسلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارغا:
سىلەر تېخىچە ئۇخلاۋاتامسىلەر، تېخىچە دەم ئېلىۋاتامسىلەر؟ مانا، ۋاقىت-سائىتى يېقىنلاشتى؛ ئىنسانئوغلى گۇناھكارلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ. 46 قوپۇڭلار، كېتەيلى؛ مانا، ماڭا ساتقۇنلۇق قىلىدىغان كىشى يېقىن كەلدى! ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى

مار. 14:43-50؛ لۇقا 22:47-53؛ يـۇھ. 3:18-12

47 ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەيلا، ئون ئىككىيلەندىن بىرى بولغان يەھۇدا كەلدى؛ ئۇنىڭ يېنىدا باش كاھىنلار ۋە خەلق ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، قىلىچ-توقماقلارنى كۆتۈرگەن زور بىر توپ ئادەم بار ئىدى. 48 ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغۇچى ئۇلار بىلەن ئالدىن ئىشارەتنى بېكىتىپ: «مەن كىمنى سۆيسەم، ئۇ دەل شۇدۇر. سىلەر ئۇنى تۇتۇڭلار» دەپ كېلىشكەنىدى. 49 ئۇ ئۇدۇل ئەيسانىڭ ئالدىغا بېرىپ:

---

**45:26** «سىلەر تېخىچە ئۇخلاۋاتامسىلەر، تېخىچە دەم ئېلىۋاتامسىلەر؟» ــ ياكى بولمىسا: «ئەمدى ئۇخلاۋېرىسىلەر، دەم ئېلىۋېرىسىلەر!» (كىنايىلىك گەپ) ياكى پەقەت: «ئەمدى ئۇخلاڭلار، دەم ئېلىڭلار!».
**47:26** مار. 14:43؛ لۇقا 22:47؛ يـۇھ. 3:18.

**سالام، ئۇستاز! ــ دەپ ئۇنى سۆيۈپ كەتتى.**
**[50] ئەيسا ئۇنىڭغا:**
**ئاغىنەم، نېمە دەپ كەلدىڭ؟ ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ئادەملەر**
**يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئەيساغا قول سېلىپ، ئۇنى تۇتقۇن قىلدى. [51] ۋە**
**مانا، ئەيسانىڭ يېنىدىكىلەردىن بىرەيلەن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ،**
**باش كاھىننىڭ چاكىرىغا ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىنى شىلىپ**
**چۈشۈرۈۋەتتى. [52] ئەيسا ئۇنىڭغا:**
**قىلىچىڭنى قىنىغا سال، قىلىچ كۆتۈرگەنلەر قىلىچ ئاستىدا ھالاك**
**بولىدۇ. [53] ياكى مېنى ئاتىسىغا نىدا قىلالمايدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ**
**قالدىڭمۇ؟! شۇنداق قىلسام، ئۇ ماڭا شۇئان ئون ئىككى قىسىمدىن**
**ئارتۇق پەرىشتە ماڭدۇرمامدۇ؟ [54] بىراق مەن ئۇنداق قىلسام، مۇقەددەس**
**يازمىلاردىكى بۇ ئىشلار مۇقەررەر بولىدۇ دېگەن بېشارەتلەر قانداقمۇ**
**ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن؟ ــ دېدى.**
**[55] شۇ پەيتتە ئەيسا توپلاشقان ئادەملەرگە قاراپ:**
**بىر قاراقچىنى تۇتىدىغاندەك قىلىچ-توقماقلارنى كۆتۈرۈپ مېنى**
**تۇتقىلى كەپسىلەرغۇ؟ مەن ھەر كۈنى ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدا**
**سىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تەلىم بېرەتتىم، لېكىن سىلەر ئۇ**
**چاغدا مېنى تۇتمىدىڭلار. [56] لېكىن بۇ پۈتۈن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى**
**پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇقەددەس يازمىلىرىدا ئالدىن ئېيتقانلىرىنىڭ**
**ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن بولدى، ــ دېدى.**
**بۇ چاغدا، مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى.**

---

49:26 **«سالام، ئۇستاز!»** ــ «ئۇستاز» ئىبرانىي تىلدا «رابىي» دېيىلىدۇ.

50:26 **«ئاغىنەم، نېمە دەپ كەلدىڭ؟»** ــ ياكى «ئاغىنەم، قىلىدىغىنىڭنى قىل».

53:26 **«ئون ئىككى قىسىمدىن ئارتۇق پەرىشتە»** ــ مۇشۇ يەردە «قىسىم» دېگەن سۆز ئادەتتە گرېك تىلىدا بەلكىم ئالتە مىڭچە ئەسكەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

54:26 زەب. 6:22؛ 6:40-8؛ 1:69-4، 10؛ لۇقا 25:24.

56:26 ئايۇپ 13:19؛ زەب. 8:88، 18؛ زەك. 7:13.

## ئالىي كېڭەشمىدە سوتلىنىش

مار. 14:53-65؛ لۇقا 22:54-55، 63-71؛ يـۇھ. 18:13-14، 19-24

[57]ئەمدى ئەيسانى تۇتقۇن قىلغانلار ئۇنى باش كاھىن قايافانىڭ
ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. تەۋرات ئۇستازلىرى بىلەن ئاقساقاللارمۇ
ئۇ يەردە جەم بولۇشقانىدى. [58]پېترۇس ئۇنىڭغا تاكى باش كاھىننىڭ
سارىيىنىڭ ھويلىسىغىچە يىراقتىن ئەگىشىپ كېلىپ، ئىشنىڭ
ئاقىۋىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كىرىپ، قاراۋۇللارنىڭ
ئارىسىدا ئولتۇردى. [59]باش كاھىنلار، ئاقساقاللار ۋە پۈتۈن ئالىي
كېڭەشمە ئەزالىرى ئەيسانى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن،
يالغان گۇۋاھ-ئىسپات ئىزدەيتتى. [60]نۇرغۇن يالغان گۇۋاھچىلار
ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇلار بۇلاردىن ھېچقانداق ئىسپاتقا
ئېرىشەلمىدى. ئاخىردا، ئىككى يالغان گۇۋاھچى ئوتتۇرىغا چىقىپ:
[61]— بۇ ئادەم: «مەن خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۈچ
كۈن ئىچىدە قايتا قۇرۇپ چىقالايمەن» دېگەن، دېدى.
[62]باش كاھىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:
قېنى، جاۋاب بەرمەمسەن؟ بۇلار سېنىڭ ئۈستۈڭدىن زادى قانداق
گۇۋاھلىقلارنى بېرىۋاتىدۇ؟ — دېدى. [63]لېكىن ئەيسا سۈكۈت قىلىپ
تۇرىۋەردى. باش كاھىن ئۇنىڭغا:
مەڭگۈ ھايات بولغۇچى خۇدا بىلەن سېنىڭ قەسەم قىلىشىڭنى
بۇيرۇيمەنكى، بىزگە ئېيت، خۇدانىڭ ئوغلى مەسىھ سەنمۇ؟» — دېدى.

---

**57:26** مار. 14:53؛ لۇقا 22:54؛ يـۇھ. 18:12.

**59:26** **«ئالىي كېڭەشمە»** — يەنە سوراق مەجلىسى، «سانھېدرىن» دېيىلىدۇ.

**59:26** مار. 14:55؛ روس. 6:13.

**61:26** **«بۇ ئادەم: «مەن خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتا قۇرۇپ چىقالايمەن» دېگەن»** — «يۇھ.» 2:19-20نى كۆرۈڭ. مەسىھنىڭ تولۇق ئېيتقىنى بۇ گۇۋاھچىنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس.

**61:26** يـۇھ. 2:19.

**62:26** مار. 14:60.

**63:26** يەش. 53:7؛ مات. 27:12، 14.

64 ئەيسا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:
شۇنداق، سىز ئېيتقاندەك. لېكىن شۇنىمۇ سىلەرگە ئېيتايكى،
بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ئىنسانئوغلىنىڭ قادىر بولغۇچىنىڭ
ئوڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغىنىنى ۋە كۆكتىكى بۇلۇتلار ئۈستىدە
كېلىدىغىنىنى كۆرىسىلەر.
65 شۇنىڭ بىلەن باش كاھىن تونلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ:
ئۇ كۇپۇرلۇق قىلدى! ئەمدى باشقا ھەرقانداق گۇۋاھچىنىڭ نېمە
ھاجىتى؟ مانا، ئۆزۈڭلار بۇ كۇپۇرلۇقنى ئاڭلىدىڭلار! 66 بۇنىڭغا نېمە
دەيسىلەر؟ ــ دېدى.
ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا لايىقتۇر! ــ دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى ئۇلار.
67 بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، ئۇنىڭغا مۇشت ئاتقىلى
تۇردى. بەزىلىرى ئۇنى كاچاتلاپ:
68 ــ ئەي مەسىھ، پەيغەمبەرچىلىك قىلمامسەن، ئېيتىپ باققىنا،
سېنى كىم ئۇردى؟ ــ دېيىشتى.

---

64:26 **«شۇنداق، سىز ئېيتقاندەك»** ــ مەسىھنىڭ جاۋابىنىڭ گرېك تىلىدا «شۇنداق، لېكىن ئەھۋال دەل سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك ئەمەس» دېگەن پۇرىقى چىقىدۇ. **«كېيىن سىلەر ئىنسانئوغلىنىڭ قادىر بولغۇچىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغىنىنى ۋە كۆكتىكى بۇلۇتلار ئۈستىدە كېلىدىغىنىنى كۆرىسىلەر»** ــ تەۋرات، «دان.» 13:7نى كۆرۈڭ.

**64:26** زەب. 1:110؛ دان. 13:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ مار. 62:14؛ لۇقا 69:22؛ روس. 11:1؛ رىم. 10:14؛ 1تېس. 16:4؛ ۋەھ. 7:1.

65:26 **«شۇنىڭ بىلەن باش كاھىن تونلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ...»** ــ باش كاھىن ئەيسانى «كۇپۇرلۇق قىلدى» دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا بولغان چۆچۈشى ۋە غەزىپىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يىرتقان. ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭ خۇداغا خاس ھوقۇق ۋە شۆھرەت مەندىدۇر، دېگەنلىكىدۇر.
—يەنە شۇنى ئېيتىمىزكى، باش كاھىننىڭ تونلىرىنى يىرتىشىنىڭ ئۆزى تەۋرات قانۇنىغا خىلاپ ئىدى («لاۋ.» 6:10، 10:21).

**66:26** لاۋ. 16:24.

**67:26** يەش. 6:50.

**68:26** ئايۇپ 10:16؛ لۇقا 64:22؛ يۇھ. 3:19.

## پېترۇسنىڭ ئەيسادىن تېنىشى

مار. 14:66-72؛ لۇقا 22:56-62؛ يـۇھ. 18:15-18، 25-27

69 ئەمدى پېترۇس سارايـنىڭ تاشقىرىقى هويلىسىدا ئولتۇراتتى. بىر دېدەك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:
سەن گالىلىيەلىك ئەيسا بىلەن بىرگە ئىدىڭغۇ، ــ دېدى.
70 لېكىن ئۇ ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا ئىنكار قىلىپ: ــ سېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى چۈشەنمىدىم! ــ دېدى.
71 ئاندىن ئۇ دالانغا چىققاندا، ئۇنى كۆرگەن يەنە بىر دېدەك ئۇ يەردە تۇرغانلارغا:
بۇ ئادەممۇ ناسارەتلىك ئەيسا بىلەن بىرگە ئىدى، ــ دېدى.
72 ئۇ يەنە ئىنكار قىلىپ: ــ
مەن ئۇ ئادەمنى تونۇمايمەن! ــ دەپ قەسەم ئىچتى.
73 بىرئازدىن كېيىن، ئۇ يەردە تۇرغانلار پېترۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:
شۈبھىسىزكى، سەن ئۇلارنىڭ بىرى ئىكەنسەن، چۈنكى تەلەپپۇزۇڭ سېنى پاش قىلىدۇ، ــ دېيىشتى.
74 پېترۇس قاتتىق قارغاشلار بىلەن قەسەم قىلىپ:
ئۇ ئادەمنى زادى تونۇمايمەن! ــ دېيىشىگىلا خوراز چىللىدى.
75 پېترۇس ئەيسانىڭ: «خوراز چىللاشتىن بۇرۇن، سەن مەندىن ئۈچ قېتىم تانىسەن!» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ، قاتتىق يىغا-زار كۆتۈردى.

**69:26** مار. 14:66؛ لۇقا 22:55؛ يـۇھ. 18:16، 25.
73:26 **«شۈبھىسىزكى، سەن ئۇلارنىڭ بىرى ئىكەنسەن، چۈنكى تەلەپپۇزۇڭ سېنى پاش قىلىدۇ»** ــ «تەلەپپۇزۇڭ سېنى پاش قىلىدۇ» ــ پېترۇس گالىلىيە تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەيتتى.
**75:26** مات. 26:34؛ مار. 14:30؛ لۇقا 22:61؛ يـۇھ. 13:38

## يەھۇدانىڭ ئۆلۈشى

مار. 15:1؛ لۇقا 23:1-2؛ يۇھ. 18:28-32

27 1 تاڭ ئارقاندىلا، پۈتۈن باش كاھىنلار بىلەن خەلق
ئاقساقاللىرى ئەيسانى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدۇرۇش ئۈچۈن
مەسلىھەتلەشتى. 2 ئۇلار ئۇنى باغلاپ ئاپىرىپ، ۋالىي پونتىئۇس
پىلاتۇسقا تاپشۇرۇپ بەردى.
3 ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدا ئۇنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم
قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشلارغا پۇشايمان قىلدى ۋە باش كاھىنلار
بىلەن ئاقساقاللارغا ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى قايتۇرۇپ بېرىپ:
4 — مەن بىگۇناھ بىر جاننىڭ قېنى تۆكۈلۈشكە ساتقۇنلۇق قىلىپ
گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، — دېدى.
بۇنىڭغا بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟ ئۆز ئىشىڭنى بىل! — دېيىشتى ئۇلار.
5 يەھۇدا كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە چۆرۈۋەتتى ۋە
ئۇ يەردىن كېتىپ، تالاغا چىقىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.
6 باش كاھىنلار كۈمۈش تەڭگىلەرنى يىغىۋېلىپ: —
بۇ خۇن تۆلىمى بولغان تەڭگىلەردۇر، ئۇلارنى ئىبادەتخانىنىڭ
خەزىنىسىگە قويۇش ھارام، — دېيىشتى. 7 ئۇلار ئۆزئارا
مەسلىھەتلىشىپ، بۇ پۇللار بىلەن ياقا يۇرتلۇقلارغا يەرلىك بولسۇن

---

**1:27** زەب. 2:2؛ مار. 1:15؛ لۇقا 22:66؛ 23:2؛ يۇھ. 18:28.

**2:27** روس. 3:13.

5:27 **«يەھۇدا... تالاغا چىقىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى»** — «تالاغا چىقىپ» بەلكىم شەھەرنىڭ سىرتىغا بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

**5:27** 2سام. 17:23؛ روس. 1:18.

6:27 **«بۇ خۇن تۆلىمى بولغان تەڭگىلەردۇر، ئۇلارنى ئىبادەتخانىنىڭ خەزىنىسىگە قويۇش ھارام»** — «ھارام» — مۇشۇ يەردە، تەۋراتتا چەكلەنگەن، دېمەك.

دەپ، ساپالچىنىڭ بىر پارچە ئېتىزلىقىنى سېتىۋالدى. [8] شۇڭا بۇ يەر
ھازىرغىچە «قانلىق ئېتىز» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.
[9] شۇ ئىش بىلەن يەرەمىيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن بۇرۇن ئېيتىلغان
مۇنۇ بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى: ــ
«ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭ ئۈچۈن باھالاپ بېكىتكەن باھاسىنى،
يەنى ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى ئۇلار ئېلىشتى،
[10] ۋە پەرۋەردىگار ماڭا كۆرسەتكەندەك،
ساپالچىنىڭ ئېتىزىنى سېتىۋېلىشقا خەجلەشتى».

## ئەيسانىڭ ۋالىي پىلاتۇسنىڭ ئالدىدا سوتلىنىشى

مار. 15:2-5؛ لۇقا 23:3-5؛ يـۇھ. 18:33-38

[11] ئەمدى ئەيسا ۋالىينىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇلدى. ۋالىي ئۇنىڭدىن:
سەن يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
ئېيتقىنىڭدەك، ــ دېدى ئەيسا.

---

**7:27 «ساپالچىنىڭ بىر پارچە ئېتىزلىقىنى سېتىۋالدى»** ــ ياكى ««ساپالچىنىڭ ئېتىزلىقى»نى سېتىۋالدى» ــ مۇمكىنچىلىكى باركى، «ساپالچىنىڭ ئېتىزلىقى» ھەممە ئادەمگە مەلۇم بولغان بىر يەرنىڭ ئىسمى ئىدى.

**7:27** روس. 1:19.

**9:27** زەك. 11:12.

**10:27 «ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭ ئۈچۈن باھالاپ بېكىتكەن باھاسىنى، يەنى ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى ئۇلار ئېلىشتى، ۋە پەرۋەردىگار ماڭا ئەمر قىلغاندەك، ساپالچىنىڭ ئېتىزىنى سېتىۋېلىشقا خەجلەشتى»** ــ بۇ بېشارەتلىك سۆزلەر (9-10-ئايەتلەر)نىڭ كۆپىنچىسى «زەكەرىيا» 11:12-13دىن ئېلىنغان. ئەمدى نېمىشقا ماتتا بۇ سۆزلەرنى يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭكى دەيدۇ؟ بىز بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.
ــ 9-10-ئايەتلەرنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... تەڭگىنى مەن ئالدىم، ۋە ئۇلار پەرۋەردىگار ماڭا ئەمر قىلغاندەك، ساپالچىنىڭ ئېتىزىنى سېتىۋېلىشقا خەجلەشتى».

**10:27** يەر. 32:6-9؛ زەك. 11:12، 13

**11:27 «ئەيسا... «ئېيتقىنىڭدەك»، دېدى»** ــ مەسىھنىڭ «ئېيتقىنىڭدەك» دېگەن جاۋابىنىڭ گرېك تىلىدا «شۇنداق، لېكىن ئەھۋال دەل سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئەمەس» دېگەن پۇرىقى چىقىدۇ.

**11:27** مار. 15:2؛ لۇقا 23:3؛ يـۇھ. 18:33.

[12] لېكىن باش كاھىنلار ۋە ئاقساقاللار ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز-شىكايەت
قىلغاندا، ئۇ بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدى. [13] بۇنىڭ بىلەن پىلاتۇس
ئۇنىڭغا:
ئۇلارنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىن قىلغان شۇنچە كۆپ شىكايەتلىرىنى
ئاڭلىمايۋاتامسەن؟ — دېدى. [14] بىراق ئۇ پىلاتۇسقا جاۋابەن
شىكايەتلەرنىڭ بىرسىگىمۇ جاۋاب بەرمىدى. ۋالىي بۇنىڭغا
ئىنتايىن ھەيران قالدى.
[15] ھەر قېتىملىق ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا، ۋالىينىڭ خالايىق تەلەپ
قىلغان بىر مەھبۇسنى ئۇلارغا قويۇپ بېرىش ئادىتى بار ئىدى.
[16] ئەينى ۋاقىتتا، رىملىقلارنىڭ بارابباس ئىسىملىك ئاتىقى چىققان
بىر مەھبۇسى زىنداندا ئىدى. [17] خالايىق جەم بولغاندا، پىلاتۇس
ئۇلاردىن:
كىمنى سىلەرگە قويۇپ بېرىشىمنى خالايسىلەر؟ بارابباسنىمۇ
ياكى مەسىھ دەپ ئاتالغان ئەيسانىمۇ؟ — دەپ سورىدى [18] (چۈنكى ئۇ
باش كاھىن قاتارلىقلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن ئۇنى تۇتۇپ
بەرگەنلىكىنى بىلەتتى).
[19] پىلاتۇس «سوراق تەختى»دە ئولتۇرغاندا، ئايالى ئۇنىڭغا ئادەم
ئەۋەتىپ: — ئۇ ھەققانىي كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغىن. چۈنكى
تۈنۈگۈن كېچە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن چۈشۈمدە كۆپ ئازاب چەكتىم، —
دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

---

**13:27** مات. 62:26.

**14:27** يەش. 7:53؛ روس. 32:8.

**15:27** مار. 6:15؛ لۇقا 17:23؛ يۇھ. 39:18.

16:27 **«بارابباس ئىسىملىك ئاتىقى چىققان بىر مەھبۇس»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئەيسا بارابباس ئىسىملىك ئاتىقى چىققان بىر مەھبۇس» دېيىلىدۇ.

**16:27** مار. 7:15؛ لۇقا 19:23؛ يۇھ. 40:18.

17:27 **«بارابباسنىمۇ ياكى مەسىھ دەپ ئاتالغان ئەيسانىمۇ؟»** — ياكى «ئەيسا بارابباسنىمۇ ياكى مەسىھ دەپ ئاتالغان ئەيسانىمۇ؟»».

19:27 **«چۈنكى تۈنۈگۈن كېچە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن چۈشۈمدە كۆپ ئازاب چەكتىم»** —

[20] لېكىن باش كاھىنلار ۋە ئاقساقاللار بولسا خالايىقنى ماقۇل
قىلىپ، بارابباسنى قويۇپ بېرىشنى ۋە ئەيسانى يوقىتىشنى تەلەپ
قىلدۇردى.
[21] ۋالىي جاۋابەن ئۇلاردىن يەنە:
سىلەرگە بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى قويۇپ بېرىشىمنى
خالايسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.
بارابباسنى، ــ دېيىشتى ئۇلار.
[22] پىلاتۇس ئەمدى: ــ ئۇنداق بولسا، مەسىھ دەپ ئاتالغان ئەيسانى
قانداق بىر تەرەپ قىلاي؟ ــ دېدى.
ھەممەيلەن:
ئۇ كرېستلەنسۇن! ــ دېيىشتى.
[23] پىلاتۇس:
نېمىشقا؟ ئۇ زادى نېمە يامانلىق ئۆتكۈزۈپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
بىراق ئۇلار تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىشىپ:
ئۇ كرېستلەنسۇن! ــ دەپ تۇرۇۋېلىشتى. [24] پىلاتۇس سۆزلەۋېرىشنىڭ
بىھۇدە ئىكەنلىكىنى، بەلكى بۇنىڭ ئورنىغا مالىمانچىلىق
چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، سۇ ئېلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا
قولىنى يۇغاچ:
بۇ ھەققانىي ئادەمنىڭ قېنىغا مەن جاۋابكار ئەمەسمەن، بۇنىڭغا
ئۆزۈڭلار مەسئۇل بولۇڭلار! ــ دېدى.
[25] پۈتۈن خەلق جاۋابەن:
ئۇنىڭ قېنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ۋە بالىلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە
چۈشسۇن! ــ دېيىشتى.

---

ياكى «چۈنكى ئۇ تونۇگۈن كېچە چۈشۈمگە كىرىپ، كۆپ ئازابلاندىم».

**20:27** مار. 11:15؛ لۇقا 18:23؛ يـۇھ. 40:18؛ روس. 14:3.

**25:27** روس. 28:5.

[26] بۇنىڭ بىلەن پىلاتۇس باراباسنى ئۇلارغا چىقىرىپ بەردى.
ئەيسانى بولسا قاتتىق قامچىلاتقاندىن كېيىن، كرېستلەشكە
لەشكەرلىرىگە تاپشۇردى.

## لەشكەرلەرنىڭ ئەيسانى مازاق قىلىشى

مار. 15:16-20؛ يـۇھ. 19:2-3

[27] ئاندىن ۋالىينىڭ لەشكەرلىرى ئەيسانى ئۇنىڭ ئوردىسىغا
ئېلىپ كىرىپ، پۈتۈن لەشكەرلەر توپىنى بۇ يەرگە ئۇنىڭ ئەتراپىغا
يىغدى. [28] ئۇلار ئەيسانى يالىڭاچلاپ، ئۇچىسىغا پەرەڭ رەڭلىك
تون كىيدۈرۈشتى. [29] تىكەنلىك شاخچىلارنى ئۆرۈپ بىر تاج ياساپ،
بېشىغا كىيدۈردى ۋە ئوڭ قولىغا بىر قومۇشنى تۇتقۇزدى. ئاندىن
ئۇنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ: «ياشىغايلا، يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى!»
دەپ مازاق قىلىشتى. [30] ئۇنىڭغا تۈكۈرۈشتى، قومۇشنى ئېلىپ ئۇنىڭ
بېشىغا ئۇرۇشتى. [31] ئۇنى شۇنداق مازاق قىلغاندىن كېيىن، توننى

**26:27 «ئەيسانى بولسا قاتتىق قامچىلاتقاندىن كېيىن...»** ــ رىم ئىمپېرىيەسىدە جازا قامچىلىرى بىرنەچچە تاسمىلىق بولۇپ، ھەربىر تاسمىسىغا قوغۇشۇن ۋە ئۇستىخان پارچىلىرى باغلانغان بولىدۇ. قامچىلىغان ۋاقتىدا جازاغا تارتىلغۇچى يالىڭاچلىنىپ، يەرگە تىزلاندۇرۇلۇپ، ئىككى يېنىدا تۇرغان لەشكەر ئۇنى قامچىلايتتى.

**27:27 «ۋالىينىڭ لەشكەرلىرى ئەيسانى ۋالىينىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىپ»** ــ «ۋالىينىڭ ئوردىسى» گرېك (لاتىن) تىلىدا «پرايتورىئۇم» دېيىلىدۇ. **«پۈتۈن لەشكەرلەر توپىنى بۇ يەرگە ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغدى»** ــ «لەشكەرلەر توپى» (گرېك تىلىدا «كوھورت») 500-600 كىشىدىن تەركىب تاپقان.

**27:27** مار. 16:15؛ يـۇھ. 2:19.

**28:27 «ئۇلار ئەيسانى يالىڭاچلاپ، ئۇچىسىغا پەرەڭ رەڭلىك تون كىيدۈرۈشتى»** ــ «پەرەڭ رەڭلىك» (ياكى سۆسۈن رەڭلىك) شۇ چاغدا شاھانە كىيىمنىڭ رەڭگى شۇنداق ئىدى («مار.» 17:15، «يۇھ.» 2:19نى كۆرۈڭ). ئۇلار شۇ «شاھانە تون» ئارقىلىق ئەيسانى «پادىشاھ بولامسەن؟!» دەپ مازاق قىلماقچى.

**29:27 «ئۇلار... تىكەنلىك شاخچىلارنى ئۆرۈپ بىر تاج ياساپ، بېشىغا كىيدۈردى ۋە ئوڭ قولىغا بىر قومۇشنى تۇتقۇزدى»** ــ ئۇلار قومۇشنى پادىشاھنىڭ شاھانە ھاسىسى سۈپىتىدە مازاق قىلىپ قولىغا تۇتقۇزغان.

سالدۇرۇپ، ئۇچىسىغا ئۆز كىيىملىرىنى كىيدۈردى ۋە كرېستلەش
ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىشتى.

## ئەيسانىڭ كرېستلىنىشى

مار. 15:21-32؛ لۇقا 23:26-39؛ يـۇھ. 17:19-19

[32] ئۇلار تاشقىرىغا چىققىنىدا، كۇرىنى شەھىرىلىك سىمون ئىسىملىك
بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ ئەيسانىڭ كرېستىنى
ئۇنىڭغا مەجبۇرىي كۆتۈرگۈزدى. [33] ئۇلار گولگوتا، يەنى «باش
سۆڭەك» دېگەن يەرگە كەلگەندە، [34] ئەيساغا ئىچىش ئۈچۈن كەكرە
سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق شاراب بەردى؛ لېكىن ئۇ ئۇنى تېتىپ
باققاندىن كېيىن، ئىچكىلى ئۇنىمىدى.
[35] لەشكەرلەر ئۇنى كرېستلىگەندىن كېيىن، چەك تاشلىشىپ
كىيىملىرىنى ئۆزئارا بۆلۈشۈۋالدى. [36] ئاندىن ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ
ئۇنىڭغا كۆزەتچىلىك قىلدى. [37] ئۇلار ئۇنىڭ بېشىنىڭ يۇقىرى
تەرىپىگە «بۇ ئەيسا، يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىدۇر» دەپ يېزىلغان
شىكايەتنامە تاختىيىنى بېكىتتى.

[38] ئەيسا بىلەن تەڭ ئىككى قاراقچىمۇ كرېستكە مىخلانغان بولۇپ،

---

27:32 «...كۇرىنى شەھىرلىك سىمون ئىسىملىك بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى تۇتۇپ **كېلىپ ئەيسانىڭ كرېستىنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي كۆتۈرگۈزدى»** ــ «ئەيسانىڭ كرېستى» ــ ئەيسا ئۆزىنى جازالايدىغان قورال بولغان شۇ كرېست (چاپراس ياغاچ)نى ئەسلىدە ئۆزى يۈدۈپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئۇ شۇنداق قاتتىق قامچىلانغانكى، ھالسىراپ، يۈدۈپ ماڭالمىغان بولسا كېرەك.

**27:32** مار. 15:21؛ لۇقا 23:26.

**27:33** مار. 15:22؛ لۇقا 23:33؛ يـۇھ. 19:17.

27:34 «...ئەيساغا ئىچىش ئۈچۈن كەكرە سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق شاراب **بەردى»** ــ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كرېستكە مىخلىنىدىغانلارغا ئاغرىقنى پەسەيتىش مەقسىتىدە دورا ئارىلاشتۇرۇلغان شاراب بېرىلىدىكەن.

**27:34** زەب. 69:21

**27:35** زەب. 22:18؛ مار. 15:24؛ يـۇھ. 19:23.

**27:37** مار. 15:26؛ لۇقا 23:38؛ يـۇھ. 19:19.

بىرى ئوڭ تەرىپىدە، يەنە بىرى سول تەرىپىدە ئىدى.
[39] بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر باشلىرىنى چايقىشىپ، ئۇنى ھاقارەتلەپ:
[40] — قېنى، سەن ئىبادەتخانىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە
قايتىدىن ياساپ چىقىدىغان ئادەم، ئەمدى ئۆزۈڭنى قۇتقۇزە! خۇدانىڭ
ئوغلى بولساڭ، كرېستتىن چۈشۈپ باققىنا! — دېيىشتى.
[41] باش كاھىنلارمۇ، تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە ئاقساقاللار بىلەن بىرگە
ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:
[42] — باشقىلارنى قۇتقۇزۇپتىكەن، ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ. ئۇ
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىمىش! ئەمدى كرېستتىن چۈشۈپ باقسۇنچۇ،
ئاندىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىمىز. [43] ئۇ خۇداغا تايانغان! خۇدا ئۇنى
ئەزىزلىسە، ھازىر قۇتقۇزۇپ باققاي! چۈنكى ئۇ: «مەن خۇدانىڭ
ئوغلى» دېگەنىدى، — دېيىشتى. [44] ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كرېستلەنگەن
قاراقچىلارمۇ ئۇنى شۇنداق ھاقارەتلەشتى.

## ئەيسانىڭ ئۆلۈمى

مار. 15:33-41؛ لۇقا 23:44-49؛ يۇھ. 19:28-30

[45] ئەمدى كۈننىڭ ئالتىنچى سائىتىدىن توققۇزىنچى سائىتىگىچە
پۈتكۈل زېمىننى قاراڭغۇلۇق باستى. [46] توققۇزىنچى سائەتلەردە ئەيسا
يۇقىرى ئاۋازدا: «ئېلى، ئېلى، لەما ساۋاقتانى؟» يەنى «خۇدايىم،

---

**38:27** يەش. 12:53.

**39:27** زەب. 8:22-9؛ 19:69-20؛ مار. 29:15؛ لۇقا 35:23.

**40:27** مات. 61:26؛ يۇھ. 19:2.

43:27 **«ئۇ خۇداغا تايانغان! خۇدا ئۇنى ئەزىزلىسە، ھازىر قۇتقۇزۇپ باققاي!»** — «زەب. 8:22نى كۆرۈڭ.

45:27 **«كۈننىڭ ئالتىنچى سائىتىدىن توققۇزىنچى سائىتىگىچە»** — ھازىرقى ۋاقىت سىستېمى بويىچە، «چۈش ۋاقتى، سائەت ئون ئىككىدىن سائەت ئۈچكىچە».

**45:27** مار. 33:15؛ لۇقا 44:23.

خۇدايىم، مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟» دەپ قاتتىق نىدا قىلدى.
47 ئۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى بۇنى ئاڭلاپ:
بۇ ئادەم ئىلياس پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ، ــ دېيىشتى.
48 ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر پارچە
بۇلۇتنى ئەكېلىپ، ئۇنى ئاچچىق شارابقا چىلاپ، قومۇشنىڭ ئۇچىغا
سېلىپ ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈپ قويدى.
49 بىراق باشقىلار:
توختا! قاراپ باقايلى، ئىلياس پەيغەمبەر كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ
قالارمىكىن؟ ــ دېيىشتى.
50 ئەيسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يەنە بىر ۋارقىرىدى-دە، روھىنى
قويۇۋەتتى.
51 ۋە مانا، شۇ دەقىقىدە ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرى پەردىسى يۇقىرىدىن
تۆۋەنگە ئىككى پارچە بۆلۈپ يىرتىلدى. يەر-زېمىن تەۋرىنىپ، تاشلار
يېرىلىپ، 52-53 قەبرىلەر ئېچىلدى (ئۇ تىرىلگەندىن كېيىن، ئۆلۈمدە
ئۇخلاۋاتقان نۇرغۇن مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ تەنلىرىمۇ تىرىلدى؛

---

46:27 **«توققۇزىنچى سائەتلەردە ...»** ــ ھازىرقى ۋاقىت بويىچە سائەت ئۈچلەردە. **««ئېلى، ئېلى، لەما ساۋاقتانى؟» يەنى «خۇدايىم، خۇدايىم، مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟»»** ــ (ئارامىي تىلدىكى سۆزلەر) «زەب.» 22:1نى كۆرۈڭ.

**46:27** زەب. 22:1-2؛ ئىبر. 5:7.

**48:27** زەب. 69:21؛ يـۇھ. 19:29.

50:27 **«ئەيسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يەنە بىر ۋارقىرىدى-دە، روھىنى قويۇۋەتتى»** ــ ئۇنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشى: «تامام بولدى!» دېگەن بولسا كېرەك («يۇھ.» 19:30نى كۆرۈڭ).

**50:27** زەب. 31:5؛ لۇقا 23:46

51:27 **«شۇ دەقىقىدە ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرى پەردىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئىككى پارچە بۆلۈپ يىرتىلدى»** ــ بۇ پەردە ئىبادەتخانىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جايىنى مۇقەددەس جايدىن ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە بولۇپ، ئۇنىڭ يىرتىلىشى ئىنسانلارنىڭ خۇدانىڭ ئالدىغا بارىدىغان يولىنىڭ ئەيسانىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئېچىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي»نى سىرتتىكى ھويلىدىن ئايرىيدىغان يەنە بىر «سىرتقى پەردە» بار ئىدى، لېكىن بۇنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئادەتتە باشقا ئاتالغۇ ئىشلىتىلىدۇ).

**51:27** 2تار. 3:14؛ مار. 15:38؛ لۇقا 23:45.

ئۇلار قەبرىلەردىن چىقتى ۋە مۇقەددەس شەھەرگە كىرىپ، ئۇ يەردە
نۇرغۇن كىشىلەرگە كۆرۈندى).
[54] ئەمدى ئەيسانى كۆزەت قىلغۇاتقان يۈزبېشى ھەم يېنىدىكى
لەشكەرلەر يەرنىڭ تەۋرىشىنى ۋە باشقا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى
كۆرۈپ، ئىنتايىن قورقۇشۇپ:
ئۇ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەن! ــ دېيىشتى.
[55] ئۇ يەردە يەنە بۇ ئىشلارغا يىراقتىن قاراپ تۇرغان نۇرغۇن ئاياللارمۇ
بار ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئەيسانىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، گالىلىيەدىن
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەنىدى. [56] ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماگداللىق
مەريەم، ياقۇپ بىلەن يۈسۈپنىڭ ئانىسى مەريەم، زەبەدىينىڭ
ئوغۇللىرىنىڭ ئانىسىمۇ بار ئىدى.

## ئەيسانىڭ دەپنە قىلىنىشى

مار. 15:42-47؛ لۇقا 23:50-56؛ يـۇھ. 19:38-42

[57] كەچقۇرۇن، ئارىماتىيالىق يۈسۈپ ئىسىملىك بىر باي كەلدى. ئۇمۇ
ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرىدىن ئىدى. [58] ئۇ پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا بېرىپ،
ئەيسانىڭ جەسىتىنى تەلەپ قىلدى. پىلاتۇس جەسەتنى ئۇنىڭغا
تاپشۇرۇشقا ئەمر قىلدى. [59] يۈسۈپ جەسەتنى ئېلىپ، پاكىز كاناپ

27:52-53 ««مۇقەددەس شەھەر»» ــ يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ. «**قەبرىلەر ئېچىلدى ئۇ تىرىلگەندىن كېيىن، ئۆلۈمدە ئۇخلاۋاتقان نۇرغۇن مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ تەنلىرىمۇ تىرىلدى؛ ئۇلار قەبرىلەردىن چىقتى ۋە مۇقەددەس شەھەرگە كىرىپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەرگە كۆرۈندى**» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «قەبرىلەر ئېچىلدى، ئۆلۈمدە ئۇخلاۋاتقان نۇرغۇن مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ تەنلىرىمۇ تىرىلدى؛ ئۇلار ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن قەبرىلىرىدىن چىقىپ، مۇقەددەس شەھەرگە كىرىپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەرگە كۆرۈندى». لېكىن «1كور.» 15:20گە ئاساسەن («مەسىھ ئۆلۈمدە ئۇخلىغانلار ئىچىدىن خۇددى تۇنجى ھوسۇلنىڭ مېۋىسىدەك، ئۆلۈمدىن تىرىلگەندۇر») تەرجىمىمىز توغرا بولسا كېرەك.

**27:54** مار. 15:39؛ لۇقا 23:47.

**27:55** زەب. 38:11؛ مار. 15:40؛ لۇقا 8:2؛ 23:49.

**27:57** مار. 15:42؛ لۇقا 23:50؛ يـۇھ. 19:38.

رەخت بىلەن ئوراپ كېپەنلىدى [60] ۋە ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن قىيادا ئويدۇرغان يېڭى قەبرىسىگە قويدى. ئاندىن قەبرىنىڭ ئاغزىغا يوغان بىر تاشنى دومىلىتىپ قويۇپ، كېتىپ قالدى [61] (شۇ چاغدا ماگداللىق مەريەم بىلەن يەنە بىر مەريەممۇ ئۇ يەردە، قەبرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇراتتى).

## قەبرىنى مۇھاپىزەت قىلىش

[62] ئەمدى ئەتىسى، يەنى «تەييارلاش كۈنى» ئۆتكەندىن كېيىن، باش كاھىنلار بىلەن پەرىسىيلەر جەم بولۇشۇپ پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

[63] — جانابلىرى، ھېلىقى ئالدامچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا: «مەن ئۆلۈپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىمەن» دېگىنى ئېسىمىزدە بار. [64] شۇنىڭ ئۈچۈن، قەبرى ئۈچىنچى كۈنگىچە مەھكەم قوغدىلىشى ئۈچۈن ئەمر بەرگەيسىز. ئۇنداق قىلىنمىسا، مۇخلىسلىرى كېلىپ جەسەتنى ئوغرىلاپ كېتىپ، ئاندىن خەلققە: «ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدى» دېيىشى مۇمكىن. بۇنداق ئالدامچىلىق ئالدىنقىسىدىنمۇ بەتتەر بولىدۇ، — دېيىشتى.

[65] پىلاتۇس ئۇلارغا:

بىر گۇرۇپپا كۆزەتچى لەشكەرنى سىلەرگە تاپشۇردۇم. قەبرىنى قۇربىڭلارنىڭ يېتىشىچە مەھكەم قوغداڭلار، — دېدى. [66] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆزەتچى لەشكەرلەر بىلەن بىللە بېرىپ، تاشنى پېچەتلەپ، قەبرىنى مۇھاپىزەت ئاستىغا قويدى.

---

**60:27** مار. 46:15؛ لۇقا 53:23.

62:27 **«ئەمدى ئەتىسى، يەنى «تەييارلاش كۈنى» ئۆتكەندىن كېيىن، باش كاھىنلار بىلەن پەرىسىيلەر جەم بولۇشۇپ پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ...»** — يۇقىرىقى ئىزاھاتلاردا كۆرسەتكىنىمىزدەك، يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈن «كۈن» ئەمەلىيەتتە كەچتە (سائەت ئالتىدە) باشلىنىدۇ. «تەييارلاش كۈنى» — «شابات كۈنى (دەم ئېلىش كۈنى) ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان كۈن»نى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئايەتتىكى «ئەتىسى» ئەمەلىيەتتە شابات كۈنىنىڭ بېشىنى، يەنى شۇ كەچ سائەت ئالتىدىن كېيىنكى ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ «كاھىنلار» ئەيسانىڭ بېشارەت سۆزلىرىنى توسۇش ئۈچۈن جىددىيلىشىپ، ئۆزلىرى قەدىرلەيدىغان شابات كۈنىدىكى «دەم ئېلىش» ئادىتىنى بۇزماقتا ئىدى.

**63:27** مات. 21:16؛ 23:17؛ 19:20؛ مار. 31:8؛ 34:10؛ لۇقا 22:9؛ 33:18؛ 6:24.

## ئەيسانىڭ تىرىلىشى

مار. 1:16-8؛ لۇقا 1:24-12؛ يـۇھ. 1:20-10

28 [1] شابات كۈنى ئۆتۈپ، ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ
ئاتاي دېگەندە، ماگداللىق مەريەم بىلەن يەنە بىر مەريەم
قەبرىنى كۆرۈشكە كەلدى. [2] ۋە مانا، يەرلەر تۇيۇقسىز قاتتىق
تەۋرەپ كەتتى؛ چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ بىر پەرىشتىسى ئاسماندىن
چۈشۈپ، قەبرىگە بېرىپ، تاشنى بىر چەتكە دومىلىتىپ،
ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. [3] پەرىشتىنىڭ قىياپىتى چاقماقتەك،
كىيىملىرى قاردەك ئاپئاق ئىدى. [4] كۆزەتچىلەر ئۇنىڭدىن شۇنچە
قورقۇشتىكى، تىترىشىپ، ئۆلۈكتەك قېتىپلا قالدى.
[5] پەرىشتە ئاياللارغا قاراپ:
قورقماڭلار! سىلەرنىڭ كرېستلەنگەن ئەيسانى ئىزدەۋاتقىنىڭلارنى
بىلىمەن. [6] ئۇ بۇ يەردە ئەمەس؛ ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك تىرىلدۈرۈلدى.
كېلىڭلار، رەب ياتقان جاينى كۆرۈڭلار؛ [7] ئاندىن دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ
مۇخلىسلىرىغا: «ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلىپتۇ. ۋە مانا، ئۇ سىلەردىن
ئاۋۋال گالىلىيەگە بارىدىكەن، ئۇنى شۇ يەردە كۆرىدىكەنسىلەر»
دەڭلار. مانا مەن بۇلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بەردىم، ــ دېدى.

---

**1:28** مار. 1:16؛ لۇقا 1:24؛ يـۇھ. 1:20.

**3:28** دان. 9:7؛ روس. 10:1.

**5:28** مار. 6:16؛ لۇقا 4:24.

**6:28** مات. 21:16؛ 23:17؛ 19:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 34:10؛ لۇقا 22:9؛ 33:18؛ 6:24.

7:28 **«ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلىپتۇ. ۋە مانا، ئۇ سىلەردىن ئاۋۋال گالىلىيەگە بارىدىكەن، ئۇنى شۇ يەردە كۆرىدىكەنسىلەر» دەڭلار. مانا مەن بۇلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بەردىم» ــ** پەرىشتە: «گالىلىيەگە بېرىڭلار» دېگەن بولسىمۇ، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ئىشەنمەي ھېچيەرگە بارماي يېرۇسالېمدا تۇرۇۋەردى. رەب ئۆزى ئۇلارغا شۇنداق ئەمرنى ئاللىقاچان بەرگەنىدى («مات.» 23:26، «مار.» 28:14نى كۆرۈڭ).

**7:28** مات. 32:26؛ مار. 7:16.

[8]شۇڭا ئاياللار ھەم قورقۇنچ ھەم زور خۇشاللىق ئىچىدە قەبرىدىن
دەرھال ئايرىلىپ، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا خەۋەر بېرىشكە يۈگۈرۈشتى.
[9]ئۇلار مۇخلىسلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈشكە يولدا ماڭغاندا، مانا ئەيسا
ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ:
سالام سىلەرگە! ــ دېدى. ئۇلارمۇ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پۇتىغا
ئېسىلىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. [10]ئاندىن ئەيسا ئۇلارغا:
قورقماڭلار! بېرىپ قېرىنداشلىرىمغا: گالىلىيەگە بېرىڭلار، دەپ
ئۇقتۇرۇڭلار، ئۇلار مېنى شۇ يەردە كۆرىدۇ، ــ دېدى.

## كۆزەتچىلەرنىڭ بايانى

[11]ئاياللار تېخى يولدا كېتىۋاتقاندا، مانا كۆزەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى
شەھەرگە كىرىپ، بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا باش
كاھىنلارغا خەۋەر قىلدى. [12]باش كاھىنلار ئاقساقاللار بىلەن بىر يەرگە
يىغىلىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، لەشكەرلەرگە بەك كۆپ پۇل
بېرىپ:
[13]ــ سىلەر: «ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى كېچىسى كېلىپ، بىز
ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوغرىلاپ ئەكېتىپتۇ» ــ
دەڭلار. [14]ئەگەر بۇ خەۋەر ۋالىينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، بىز
ئۇنى قايىل قىلىپ سىلەرنى ئاۋارىچىلىكتىن ساقلايمىز ــ
دېدى. [15]شۇنداق قىلىپ، لەشكەرلەر پۇلنى ئالدى ۋە ئۆزلىرىگە

---

**8:28** مار. 8:16؛ يۇھ. 18:20.

9:28 **«سالام سىلەرگە!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شالوم ئەلەيكۇم» دېيىلىدۇ.

**9:28** مار. 9:16؛ يۇھ. 14:20.

10:28 **«بېرىپ قېرىنداشلىرىمغا: گالىلىيەگە بېرىڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇڭلار، ئۇلار مېنى شۇ يەردە كۆرىدۇ»** ــ 7-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. مەسىھنىڭ ئۆزى قايتىدىن ئۇلارغا شۇنداق خەۋەر يەتكۈزگىنى بىلەن، ئۇلار يەنىلا بىر مەزگىل يېرۇسالېمدىن چىقماي، گالىلىيەگە بارمايدۇ («مات.» 23:26، 14:28، «ماركۇس» 16-باب، «لۇقا» 24-باب، «يۇھ.» 20-21-بابلارنى كۆرۈڭ).

**10:28** روس. 1:3؛ 31:13؛ 1كور. 5:15.

14:28 **«ئەگەر بۇ خەۋەر ۋالىينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، بىز ئۇنى قايىل قىلىپ سىلەرنى**

تاپىلانغاندەك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە.

## ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرىغا كۆرۈنۈشى

مار. 16:14-18؛ لۇقا 24:36-49؛ يـۇھ. 20:19-23؛ مىس. 1:6-8

[16] ئون بىر مۇخلىس گالىلىيەگە بېرىپ، ئەيسا ئۇلارغا بېكىتكەن تاغقا
چىقىشتى. [17] ئۇلار ئۇنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشتى؛ لېكىن
بەزىلىرى گۇمانلىنىپ قالدى. [18] ئەيسا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ،
مۇنداق دېدى:
ئەرشتە ۋە يەر يۈزىدە بارلىق ھوقۇق ماڭا بېرىلدى. [19] شۇنىڭ ئۈچۈن،
بېرىپ پۈتكۈل ئەللەرنى ئۆزۈمگە مۇخلىس قىلىپ يېتىشتۈرۈڭلار،
شۇنداقلا ئۇلارنى ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامىغا تەۋە قىلىپ
چۆمۈلدۈرۈپ، [20] ئۇلارغا مەن سىلەرگە تاپىلىغان بارلىق ئەمرلەرگە
ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىڭلار. ۋە مانا، مەن زامان ئاخىرىغىچە ھەر
كۈنى سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن.

**ئاۋارىچىلىكتىن ساقلايمىز»** ــ رىملىق مۇھاپىزەتچىلەر كۆزەتتە ئۇخلاپ قالسا، دەرھال ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولاتتى.

**16:28** مات. 32:26؛ مار. 28:14.

**18:28** زەب. 8:5-6؛ مات. 27:11؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 35:3؛ 2:17؛ 1كور. 27:15؛ ئەف. 22:1؛ ئىبر. 8:2.

19:28 **«...بېرىپ پۈتكۈل ئەللەرنى ئۆزۈمگە مۇخلىس قىلىپ...»** ــ گرېك تىلىدا: «بارغۇزۇلۇپ پۈتكۈل ئەللەرنى ئۆزۈمگە مۇخلىس قىلىپ،...». **«ئۇلارنى ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامىغا تەۋە قىلىپ چۆمۈلدۈرۈپ...»** ــ گرېك تىلىدا: «ئۇلارنى ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامىغا كىرگۈزۈپ چۆمۈلدۈرۈپ،...». بۇنىڭ مەنىسى شۈبھىسىزكى، پەقەت «ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامى بىلەن»لا ئەمەس، بەلكى سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق چۆمۈلدۈرۈلگۈچىنىڭ ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ زىچ مۇناسىۋەتتىكى (كىرىپ) چۆمۈلۈشنى كۆرسىتىدۇ.

**19:28** مار. 15:16؛ يـۇھ. 16:15.

**20:28** يـۇھ. 18:14.

# قوشۇمچە سۆز

## 1:1 «بۇ ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ۋە داۋۇتنىڭ ئوغلى بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ نەسەبنامە كىتابىدۇر»

مۇشۇ ئايەتتە گرېك تىلىدىكى «گېنېسىس» دېگەن سۆز «نەسەبنامە» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ سۆز ئاساسەن 1-16-ئايەتتىكى «نەسەبنامە»نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى مەنىسى شۇ ئەمەس. تەۋراتنىڭ بىرىنچى قىسمى («يارىتىلىش») گرېك تىلىدا «گېنېسىس» دەپ ئاتىلىدۇ، مەنىسى «باشلىنىش» ياكى «تۇغۇلۇش». شۇ قىسىم ئون بۆلۈمگە بۆلۈنىدۇ، ھەربىر بۆلۈمنىڭ بېشىدا «ئەمدى بۇلار بولسا پالانچىنىڭ (ئادەمئاتىنىڭ، نۇھنىڭ، شەمنىڭ، تەراھنىڭ، ئىسمائىلنىڭ، ئىسھاقنىڭ،...) دەۋرلىرى...» دەپ يېزىلىدۇ ۋە بۇ بۆلۈم بىرزگە شۇ ئائىلىنىڭ تارىخىنى خاتىرىلەپ بېرىدۇ. بىزگە ھېچ گۇمان يوقكى، ماتتا مۇشۇ ئىبارىنى ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىدۇ. لېكىن بۇ ئىبارە پەقەت ئۆز كىتابىنىڭ بېشىدا ئەمەس، بەلكى (خۇدانىڭ ئۆز پىلانى بويىچە) تولۇق ئىنجىلنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. شۇ چاغدا مەنىسى «بۇ كىتاب ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ دەۋرى (ئۇنىڭ جىسمانىي تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھى تەرىپىدىن تۇغۇلغانلار)نىڭ خاتىرىسىدۇر» بولىدۇ.

## 7:3 «پەرىسىيلەر» ۋە «سادۇقىيلار» دېگەن دىنىي مەزھەپلەر

«پەرىسىيلەر» بولسا، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىغا قاتتىق ۋە تولۇق رىئايە قىلىشنى تەكىتلەيدىغان بىر ئېقىم ياكى مەزھەپ ئىدى. ئۇلار ئىسرائىل تەۋرات قانۇنىغا تولۇق بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن خۇدا ئۇلارنى سۈرگۈن قىلدۇرغان، شۇنداقلا ھازىر ئۇلارنى چەتئەل ھاكىمىيىتىنىڭ قاتتىق ئىدارىسى ئاستىغا قويغان، دەپ قارايتتى. بۇ كۆزقاراش توغرىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىسرائىلنىڭ

بابىلغا سۈرگۈن بولغانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى قانۇن تەپسىلاتلىرىغا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تەۋرات قانۇنىدىكى مۇھىم روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن (ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى جەھەتتىن) خۇدانىڭ ئىبادىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. ھالبۇكى، پەرىسىيلەر تەۋرات قانۇنىغا سىرتقى جەھەتتە رىئايە قىلىشنى ئىنتايىن تەكىتلەيتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار قانۇندىكى مۇراسىملار، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى تەكىتلەپ، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى باشقۇرىدىغان تەلەپلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرى «قانۇننى قوغدايدىغان» يېڭى بىر تۈزۈم بەلگىلىمىلىرى («توسما» ــ ئىبرانىي تىلىدا «گەزەروت»)نى ئىجاد قىلىپ چىققانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدا، «ئادەم مۇشۇنداق «توسما بەلگىلىمىلەر»دىن ھالقىپ كەتمىسىلا، جەزمەن تەۋرات قانۇنىنى بۇزۇشقا يېقىن كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن «توسما بەلگىلىمىلىرى» بىلەن تەۋرات قانۇنىنى بۇزۇشتىن بىخەتەر ساقلىدۇق» دەپ ئويلايتتى.

مەسىلەن، «شابات كۈنى» (دەم ئېلىش كۈنى)دە «تاسادىپىيلىقتىن ئىشلەش»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «بۇغدايلىقتىن ئۆتمەسلىك كېرەك!» دېگەن بىر بەلگىلىمىنى چىقارغان. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىچە بۇغدايلىقتىن ئۆتكەندە:

(1) يەرگە چۈشكەن پىشقان بۇغداينى تاسادىپىيلىقتىن دەسسەپ سېلىپ، داننى پوستىدىن ئايرىۋېتىشىڭىز مۇمكىن؛ بۇ «خامان تېپىش» بولۇپ قالىدۇ؛

(2) تونۇڭىز تاسادىپىيلىقتىن پىشقان بۇغدايغا سۈركىلىپ كېتىپ دانلار كىيىم پەشلىرىگە ئىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ «ھوسۇل ئېلىش» بولۇپ قالىدۇ؛

(3) ئۇ دانلار يەنە بەلكىم يەرگە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن، بۇ ئىش «ئۇرۇق چېچىش» بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق بولۇش گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق تۈگىمەس بەلگىلىمىلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تەۋرات قانۇنىدا ئەسلىدە پەقەت لاۋىيلارغا ۋە كاھىنلارغىلا ئالاھىدە قارىتىلغان «ھېچبىر ئۆلۈك نەرسىلەرگە تەگمەسلىك كېرەك» (ئۇلار ئۈچۈن ھەتتا ئۆلگەن نەرسىلەر تەگكەن جايلارمۇ ھارام بولاتتى)، دېگەندەك ھارام بىلەن ھالال بېكىتىلگەن بەلگىلىمىلەرنى قەسەم ئىچىپ ئۆزلىرىگە تەتبىقلىغانىدى.

رەب ئەيسانىڭ ئۇلار بىلەن بولغان قارشىلىشىشى ئۈچ جەھەتتە ئىدى: ــ

(1) ئۇلار «سىرتقى جەھەتتىكى» رىئايە قىلىشنى تەكىتلەپ، تەۋرات قانۇنىنىڭ

ئىچكى مەنىسىنى ئۇنۇتقانىدى («مات.» 23:23)؛

(2) ئۇلار ئۇستازلىرىنىڭ تەۋرات قانۇنى ئۈستىدىكى شەرھىي سۆزلىرىنى تەۋرات قانۇنىدىن ئۈستۈن قويغانىدى («مات.» 15:1-9)؛

(3) ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق تەرتىپ-تەربىيىسىدىن ئىنتايىن تەكەببۇرلىشىپ، باشقىلارنى كەمسىتكەنىدى («لۇقا» 18:10-14).

«سادۇقىيلار» دېگەن دىنىي ئېقىم ياكى مەزھەپنىڭ بولسا تەۋرات قانۇنىدىن پەقەت ئاددىي پرىنسىپلارنى ئېزدەپ «پەزىلەتلىك ئەخلاقتا بولساقلا، تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولىدۇ» دېگەندەك پوزىتسىيىسى بار ئىدى (ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ تەلىمى روسۇل پاۋلۇسنىڭكىگە يېقىن كېلەتتى («رىم.» 8:13-10). بىراق ئۇلارنىڭ تەۋرات قانۇنىنى ئاددىيلاشتۇرۇشى پەقەت تەۋراتنىڭ دەسلەپكى بەش قىسمى («مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن»)نى قوبۇل قىلىپ تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىنى ۋە زەبۇرنى رەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن»نى قوبۇل قىلىمىز دېگىنى بىلەن، مۇشۇ قىسىملاردا خاتىرىلەنگەن بارلىق مۆجىزىلەرنى («تەبىئەتتىن تاشقىرى ھادىسىلەر»نى) پەقەت «كۆچمە مەنىدىكى رىۋايەت» دەپ ئۇلارغا ئىشەنمەيتتى. شۇنىڭدەك ئۇلار پەرىشتىلەر، قىيامەت كۈنى، «ئۆلۈمدىن تىرىلىش» قاتارلىق ئىشلارنى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايتتى («روس.» 8:22). مۇقەددەس يازمىلارنى بىلىپ چۈشەنمىگەنلىكى ۋە ئېتىقادسىزلىقى ئۈچۈن ئەيسا ئۇلارغا قاتتىق تەنبىھ بەردى: «سىلەر نە مۇقەددەس يازمىلارنى نە خۇدانىڭ قۇدرىتىنى بىلمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئازغانسىلەر» («مات.» 29:22، «مار.» 27:12). «... شۇڭا سىلەر قاتتىق ئادىشىپ كەتكەنسىلەر».

## ئەيسانىڭ «ماتتا»دا خاتىرىلەنگەن نەسەبنامىسى (16:1)

بىز 16:1دە: — «ياقۇپتىن مەريەمنىڭ ئېرى بولغان يۈسۈپ تۆرەلدى؛ مەريەم ئارقىلىق مەسىھ ئاتالغان ئەيسا تۇغۇلدى» دەپ ئوقۇيمىز. بۇنى ئەيسانىڭ «لۇقا»دا خاتىرىلەنگەن نەسەبنامىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، «لۇقا»دا مۇناسىۋەتلىك يەردە «ئەيسا خۇدا يولىدا خىزمەت قىلىشقا كىرىشكەن ۋاقىتتا، ئوتتۇز ياشلاردا

ئىدى. كىشلەرنىڭ نەزرىدە ئۇ يۇسۇپنىڭ ئوغلى ئىدى. يۇسۇپ ئېلىنىڭ ئوغلى... (ئىدى)» دېگەننى بايقايمىز («لۇقا» 3:23).

«ماتتا» ۋە «لۇقا» قىسمىدىكى بۇ بايانلاردىن شۇ ئېھتىمالغا يېقىنكى، ماتتا ئەيسانىڭ «ئاتا تەرەپ» (يۇسۇپ تەرەپتىن بولغان) نەسەبنامىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماتتا يۇسۇپنىڭ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا قانۇن بويىچە خۇدانىڭ داۋۇتقا تاپشۇرۇلغان ۋەدىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئەيساغا ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. «لۇقا»دا بولسا ئەيسا «كىشىلەرنىڭ نەزرىدە يۇسۇپنىڭ ئوغلى» دېيىلىدۇ، ئەيسانىڭ «لۇقا»دا خاتىرىلەنگەن نەسەبنامىسى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ «ئانا تەرەپ» («ئېلىنىڭ قىزى مەريەم» تەرەپتىن بولغان) نەسەبنامىسى دېيىش كېرەك. يۇسۇپنىڭ «ئېلىنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى: —

(1) قىز-ئاياللار ئادەتتە نەسەبنامىلەردە تىلغا ئېلىنمايدۇ؛

(2) گرېك تىلىدا «ئوغلى» بەزى ۋاقىتلاردا «كۈيئوغلى»نى كۆرسىتىدۇ؛

(3) مۇمكىنچىلىكى باركى، ئېلى بىرگە نامەلۇم بىر چاغدا يۇسۇپنى ئۆز ئوغلى سۈپىتىدە بېقىۋالغاندى. لۇقا ئەيسانىڭ نەسەبنامىسىنىڭ قانۇنىي جەھەتلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىگە قىزىقىدۇ.

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان شۇكى، ئەيسا جىسمانىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىن، ئانىسى مەريەم تەرەپتىمۇ، «بېقىۋالغۇچى ئاتا»سى بولغان يۇسۇپ تەرەپتىنمۇ «داۋۇتنىڭ ئوغلى»، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ئىدى.

23:2 «ئۇ... (ئەيسا) ناسارەت دېگەن بىر يېزىغا ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق: «ئۇ ناسارەتلىك دەپ ئاتىلىدۇ» دېگىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى».

بۇ بايان دەسلەپتە بەلكىم ئادەمنى سەل قايمۇقتۇرۇپ، بىزگە «ماتتا تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىنى شۇنداق ياخشى بىلمەمدىغاندۇ؟» دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن؛ چۈنكى تەۋراتتىكى ھېچقايسى يەردىن «ئۇ ناسارەتلىك دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن جۈملىنى تاپالمايمىز. ئەمەلىيەتتە ئىبرانىي تىلىدىكى «ناسارەتلىك» دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزىنى تەھلىل قىلساق، ئىككى ئىمكانىيەت پەيدا بولىدۇ. بىرىنچىسى،

ئۇ ئىبرانىي تىلىدا «نوتسرى» (ياكى «نەتزەر» ــ «شاخ» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك) دېگەن سۆزنىڭ گرېك تىلىدىكى «ناسارەتلىك» دېگەن ئىپادىسىدۇر. تەۋراتتا، مەسىھنى «شاخ» دەپ ئاتىغان تۆت بېشارەت بار («يەش.» 1:11دىكى «نەتزەر»، «يەر.» 5:23 ۋە 15:33 ۋە «زەك.» 18:3). بۇ كۆزقاراش توغرا بولسا خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەيسا ئولتۇراقلاشقان جاينىڭ ئىسمى ئۆزىنىڭ بېشارەتلىك ئىسىملىرىنىڭ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ.

ئىككىنچى كۆزقاراش بولسا «ناسارەتلىك» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدىكى «نائاتز» («كەمسىتىش») بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر (فرۇختەنباۇم پروفېسسورنىڭ ««ماتتا» توغرۇلۇق لېكسىيىلىرى»). ئۇنداقتا «ناسارەتلىك» بەلكىم «كەمسىتىلگەن»، «كۆزگە ئىلىنمىغان» دېگەن مەنىدە بولىدۇ.

بىز بىرىنچى كۆزقاراشنىڭ ئورۇنلۇق يەرلىرى بار دېسەكمۇ، ئىككىنچى كۆزقاراشنى توغرا دەپ قارايمىز.

تەۋراتتىكى كۆپ بېشارەتلەردە، خۇدانىڭ مەسىھى ئۆسۈپ چوڭىيىۋاتقىنىدا كەمسىتىلىدۇ، ئۇنىڭ قىياپىتى كەمسىتىلىدۇ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن نىجاتمۇ كەمسىتىلىدۇ، ئۇ ئۆلۈمدە قاتتىق ھاقارەتلىنىپ كەمسىتىلىدۇ، دېگەن تىلسىمات ھەققەت ئايان قىلىنىدۇ (مەسىلەن، «يەش.» 1:53-5). دېمەك، ئەيسانىڭ ناسارەتتە چوڭ بولۇشى ئۇنىڭ كەمسىتىلگەنلىكى ۋە ھاقارەتلەنگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مەسىھ «تاسادىپىيلىقتىن» ناسارەت دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقاچقا، ئۇنىڭ سالاھىيىتى تېخىمۇ تەكىتلىنىدۇ. جامائەت كېيىن ئۇنىڭ «ناسارەتلىك ئەيسا» (كەمسىتىلگەن، ئەمما خۇدا تەرىپىدىن ئەڭ يۇقىرى جايغا كۆتۈرۈلگەن!) دېگەن ئىسمىدىن پەخىرلىنىپ مەسىھنى جار قىلغىنىدا «ناسارەتلىك ئەيسا» دېگەننى كۆپ ئىشلىتەتتى.

مەسىھنىڭ كەمسىتىلگەنلىكى ناسارەت دېگەن جايدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن تەكىتلەنگەن. ئۇ ئىنتايىن كۆزگە ئېلىنمايدىغان جاي ئىدى («يۇھ.» 46:1دە ناتانىئەلنىڭ «ناسارەتتىن ياخشى نەرسە چىقامدىغاندۇ؟!» دېگەن سۆزىگە قاراڭ). شۇ چاغدىكى يەھۇدىيلار ئارىسىدا گالىلىيە ئۆلكىسىدىن چىققانلار «مەدەنىيەتسىز»، «خۇدانىڭ تەۋرات قانۇنىدىن خەۋەرسىزلەر»، «يات ئەللەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلەر» دەپ كۆزگە ئىلىنمايتتى. قىزىق يېرى شۇكى، خۇدا ئۆز ئوغلىنىڭ شۇنداق بىر سالاھىيەتتە ئۆسۈشىنى خالايتتى. بۇ ئىش بىزگە چوڭ ئاگاھ بولۇشى كېرەككى، بىز ھەممىلا ئادەمگە «خۇدانىڭ ئۇبرازىدا

يارىتىلغان»، ئوخشاشلا چوڭ قىممەتكە ئىگە دەپ مۇئامىلىدە بولىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىز بۇلارغا شۇنى قوشۇپ ئېيتالايمىزكى، يولۇققان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى «ناسارەتلىك ئەيسا» «ناسارەتلىك پەيغەمبەر»، «ناسارەتتە تۇغۇلغان» دەپ بىلەتتى. پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرى بويىچە، مەسىھ بەيت-لەھەمدە تۇغۇلۇشى كېرەك ئىدى، ۋە ئۇ دەرۋەقە شۇ يەردە تۇغۇلغان. لېكىن قىزىقكى، بۇ خۇدا تەرىپىدىن كەلگەن «ئۇۇقۇشماسلىق» ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى توغرىسىدىكى بېشارەتلەرنى ئوبدان بىلگەنلەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭ مەسىھنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە توسالغۇ بولىسىمۇ، مەسىھ ئۆزى بۇ پاكىتلارنى چۈشەندۈرۈپ باقمىغان!

### 8-7:3 «لېكىن پەرىسىي ۋە سادۇقىي مەزھىپىدىكىلەردىن كۆپلىرىنىڭ ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈشىنى قوبۇل قىلغىلى كەلگەنلىكىنى كۆرگىنىدە ئۇ (يەھيا) ئۇلارغا: ــ ئەي يىلانلارنىڭ باللىرى! كىم سىلەرنى خۇدانىڭ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان غەزىپىدىن قېچىڭلار دەپ ئاگاھلاندۇردى؟! ئەمدى توۋىغا لايىق مېۋىنى كەلتۈرۈڭلار!».

ئەمدى «توۋىغا لايىق مېۋە» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ مۇھىم سوئال جامائەتنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشنى تەلەپ قىلغان مەلۇم بىرسىنى قوبۇل قىلىمىزمۇ-يوق دەپ بىر قارارغا كېلىشىگە كۆپ ياردەم بېرىدۇ.

چۆمۈلدۈرۈشنى جىددىي تەلەپ قىلغانلارنى ئۆزۈن ساقلىتىش توغرا ئەمەس دەپ قارايمىز. باشقا يەرلەردە كۆرسەتكىنىمىزدەك، چۆمۈلدۈرۈش بولسا ئىنسانلارغا ئېتىقادنى ئېتىراپ قىلىش، شۇنداقلا مۇقەددەس روھنى ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن خۇدانىڭ بېكىتكەن يولىدۇر («1پېت.» 20:3، 21 ۋە «كولوسسىلىكلەرگە»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە «سۈننەت ۋە چۆمۈلدۈرۈش» توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ).

«روس.» 26:8-40دە فىلىپنىڭ ئېفىئوپىيەلىك ئاغۋاتنى ھېچ ھايالسىز چۆمۈلدۈرگەنلىكى، 1:9-18دە ئانانىئاسنىڭ پاۋلۇسنى چۆمۈلدۈرگەنلىكىنى كۆرۈڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياكى فىلىپ (گەرچە يېرۇسالېمدا جامائەتتە «خىزمەتكار» دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ) ياكى ئانانىياسنىڭ جامائەتتە چۆمۈلدۈرۈشكە ھېچقانداق «رەسمىي سالاھىيەت»ى يوق ئىدى. بىراق بەزىلەر «چۆمۈلدۈرۈش ئۈچۈن «ئىنجىل مەكتەپ»نى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسى بولۇشى كېرەك» دەپ تۇرۇۋالىدۇ! ئۇنداق بىلمىسىز كىشىلەر ئىنجىلنى ھەقىقىي ئوقۇپ باقىغانمۇ، ياكى پەقەت

ئۆز «يېتەكچىلەر»ىنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇپ باققانمۇ؟

شۇنداقتىمۇ، بىرسىنى چۈمۈلدۈرۈش ئىنتايىن ئېغىر مەسئۇلىيەت، ئەلۋەتتە. بىرسىنىڭ قەلبىدە تەييار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قايسى «مېۋىلەر»نى ئىزدەش كېرەك؟ ئۇنداق مېۋە پاۋلۇس «گال.» 5:22دە ئېيتقان («مۇھەببەت، شاد-خۇراملىق، خاتىرجەملىك، سەۋر-تاقەت، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق، ئىشەنچ-سادىقلىق، مۆمىن-مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش» بولغان) «مۇقەددەس روھنىڭ مېۋىسى»نى كۆزدە تۇتقان ئەمەس، دەپ قارايمىز. چۈنكى ئۇنداق مېۋە پەقەت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىنىغلى بولىدۇ. بىراق ئەيسانىڭ «مات.» 5:1-12دە، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشكە مۇيەسسەر بولغانلار ئۈستىدىكى سۆزلىرىدە، كۆرسەتكەن «تۇۋاغا لايىق مېۋە» تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك: —

«روھتا نامرات بولغان» — گەرچە ھەرخىل بايلىقى بولغان، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ياكى يۇقىرى مەنسەپتە بولغان بولساقمۇ، خۇدا ئالدىدا روھىي كەمبەغەللىكىمىزنى، ئۇنىڭ مېھرى-شەپقىتى، كەچۈرۈمى ۋە ئىنجىلدا ۋەدە قىلغان يېڭى ھاياتقا جىددىي موھتاجلىقىنى تونۇپ يەتكەنلەر؛

«پىغان چەككەن» — ئۆز گۇناھلىق قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغانلار؛

«ياۋاش-مۆمىنلەر» — بىلەرمەنلىك قىلماي، باشقىلاردىن تەلىم قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرغان، «ئۆز قۇدرىتىم بىلەن خۇدا ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىمەن» دېمىگەنلەر.

«ھەققانىيلىققا ئاچ ۋە تەشنا بولغانلار»،

«باشقىلارغا رەھىمدىل بولغانلار»،

«قەلبى پاك بولغان» — قەلبىدە، باشقىلار مېنى نېمە دەپ ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن، مەن خۇدانى رازى قىلىشىم كېرەك دەپ ئىرادە قىلغانلار.

«تىنچلىق تەرەپدارلىرى» — باشقىلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرا بولسا ئىمكان قەدەر ئۇنى ھەل قىلىشقا تەييار تۇرغانلار.

مۇشۇنداق كىچىك پېئىل پوزىتسىيە كۆرۈنگەن بولسا، بەلكىم چۆمۈلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغان كىشى ئۇنىڭغا تەييار تۇرىدۇ. بىراق مەلۇم نۇقتىدا كەملىك بولسا تەلەپ قىلغان كىشىدە كەمتەررەك پوزىتسىيىنىڭ بولۇشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ باشقىلارغا ئاداۋەت ياكى ھەرقانداق ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن ۋە مەلۇم بىرسىنى كەچۈرۈم قىلمىغان ھەرقانداق ئادەمنى چۆمۈلدۈرگىلى بولمايدۇ.

## 12-10:3 «پالتا»

«پالتا ئاللىقاچان دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىغا تەڭلەپ قويۇلدى؛ ياخشى مېۋە بەرمەيدىغان ھەرقايسى دەرەخلەر كېسىلىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. مەن دەرۋەقە سىلەرنى توۋا قىلىشىڭلار ئۈچۈن سۇغا چۆمۈلدۈرىمەن. لېكىن مەندىن كېيىن كەلگۈچى زات مەندىن قۇدرەتلىكتۇر. مەن ھەتتا ئۇنىڭ كەشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ لايىق ئەمەسمەن. ئۇ سىلەرنى مۇقەددەس روھقا ھەم ئوتقا چۆمۈلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ سورۇغۇچى كۈرىكى قولىدا تۇرىدۇ؛ ئۇ ئۆز خامىنىنى توپا-ساماندىن تەلتۆكۈس تازىلايدۇ، ساپ بۇغدايىنى ئامبارغا يىغىدۇ، ئەمما توپا-سامانىنى ئۆچمەس ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىدۇ»

بىز باشقا يەرلەردە، ئىنساننىڭ خۇدانىڭ ئالاقىسگە ۋە ھاياتىغا كىرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن مۇقەددەس روھتا بولغان ئۇلۇغ چۆمۈلدۈرۈلۈشنىڭ مۇتلەق زۆرۈرىيىتى ئۈستىدە توختالدۇق. مەسىھ بولسا بىردىنبىر «مۇقەددەس روھ»قا چۆمۈلدۈرگۈچى، شۇنداقلا ئىنسانلارغا بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچىدۇر. ئىنسان بولسا ساقايتقىلى بولمىغان دەرىجىدە ئۆزىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، شەخسىيەتچىلىككە چۆمۈپ كەتكەن، ھەتتا ئۇنىڭ «ياخشى» مەقسەت-مۇددىئالىرى ھەرتۈرلۈك يوشۇرۇن ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدىغان تەكەببۇرلۇق، شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىك نىيەتلەر، ئۈزۈندىن بولغان ئۆچمەنلىك، ئۆز تەئەللۇقاتلىرىنى ياكى ھەتتا ئۆز ئائىلىدىكىلىرىنى خۇدادىن ئۈستۈن قويىدىغان بۇتپەرەسلىك پوزىتسىيەلەر بىلەن بۇلغانغاندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشكارىلىنىپ، خۇدانىڭ روھىنىڭ بىزنى «ئوپېراتسىيە قىلىپ» ئۆزگەرتىشىگە ئوچۇق تۇرۇشىمىز كېرەك. خۇداغا تەشەككۈر، ئەيسا مەسىھنىڭ كۈنلىرىدە خەلق ئارىسىدا «دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىغا تەڭلەپ قويۇلغان پالتا» بولغان بىر پەيغەمبەر، يەنى يەھيا بار ئىدى؛ چۈنكى بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى «يىلتىزىدىن» كېسىۋېتىش كېرەك، بولمىسا بۇلاردىن ھەقىقىي توۋا ۋە ۋاز كېچىش بولمايدۇ. يىلتىزى قالدۇرۇلسا ھەممىسى جەزمەن قايتىدىن ئۆسىدۇ!

يەھيا پەيغەمبەر ئالەمدىن كەتتى؛ ئەمما خۇدانىڭ سۆزىنى ئوچۇق قەلب بىلەن ئوقۇغىنىمىزدا، خۇدانىڭ روھى بىز بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇ يەھيا قىلغاندەك قەتئىي توۋا قىلىپ، خۇدانىڭ پىكى ھاياتنى قوبۇل قىلىشىمىز ئۈچۈن قەلبىمىزدىكى مەقسەت-

مۇددىئالىرىمىزنىڭ يىلتىزلىرىنى ۋە ناتوغرا پوزىتسىيىلىرىمىزنى پاش قىلىدۇ.
«پالتا ئاللىقاچان دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىغا تەڭلەپ قويۇلدى» دېگەننىڭ ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان جازا-ھۆكۈملەرنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر كۆچمە مەنىسىنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلانمايمىز، بىراق بۇ يەردە سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ تېما ئۈستىدە توختالمايمىز.

15-13:3 «شۇ ۋاقىتتا، ئەيسا يەھيادىن چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن گالىلىيە ئۆلكىسىدىن ئىئوردان دەرياسى بويىغا، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. بىراق يەھيا جىددىيلىشىپ چۆمۈلدۈرۈشكە ئۇنىماي ئۇنى توسۇپ:
— ئەسلى چۆمۈلدۈرۈلۈشنى مەن سەندىن قوبۇل قىلىشىم كېرەك ئىدى، بىراق سەن مېنىڭ ئالدىمغا كەپسەنغۇ؟ — دېدى.
لېكىن ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن: — ھازىرچە شۇنىڭغا يول قويغىن؛ چۈنكى ھەققانىيلىقنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن، يەھيا ئۇنىڭغا يول قويدى».

ئەيسا مەسىھ نېمىشقا يەھيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن چۆمۈلدۈرۈلگەن؟ ئەيسانىڭ ئۆزى ئورۇنلايدىغان مۇقەددەس روھتا چۆمۈلدۈرۈلۈشكە يەھيا تەشنا بولۇپ، ئەيسانىڭ مېنى چۆمۈلدۈرگىن دېگەن تەلىپىنى ھېچ چۈشەنمەيتتى. ئەيسا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمىگەن، پەقەت بۇ ئىشنىڭ ھەققانىيەتنىڭ تەلىپى ئىكەنلىكىنىلا ئېيتقان. ئەمما «ئىشتىن كېيىن ئەقلىمىزنى تاپقان» تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئېيتىشقا بولىدۇ: —

(1) ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا ئىئوردان دەرياسى ئۆلۈمنىڭ، شۇنداقلا يېڭىدىن باشلىنىشنىڭ سىمۋولى.

(2) يەھيانىڭ چۆمۈلدۈرۈشى گۇناھكارلارنىڭ ئۆز گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىشى ۋە گۇناھىدىن توۋا قىلىشنى بىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈشى مەسىھنى «كەلگۈسى قۇتقۇزغۇچى» دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، توۋا قىلىپ ئىشەنگەنلەرگە كەچۈرۈم ئېلىپ كېلىش ئىدى.

(3) مەسىھنىڭ ھېچقانداق توۋا قىلىشى ياكى ئىقرار قىلىشى كېرەك بولغان گۇناھلىرى يوق ئىدى.

(4) مەسىھنىڭ چۆمۈلۈشى — خۇدانىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ توۋا قىلغان «قالدىسى»نىڭ گۇناھى ۋە ھاجىتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن، «قالدى بىلەن مۇتلەق بىر بولىمەن» دېگىنىنى بىلدۈرگەن ئەمەلى ئىدى. ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشى كەلگۈسىدىكى ئۆلۈمىنىڭ مەنىسىنى ئەمەلىي ئىشتا ئىپادىلىگەن بىر بېشارەت ئىدى.

(5) يەنە شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز باركى، يەھيا كاھىن بولغاچقا (ئاتىسى ۋە ئانىسى ئىككىلىسى ھارۇننىڭ ئەۋلادى ئىدى) ئەيسانى مەلكىزەدەك بىلەن بىر قاتاردا باش كاھىنلىققا كىرگۈزۈش ئۈچۈن چۆمۈلدۈردى.

«لاۋىيلار» 8-بابنى كۆرۈڭ — ھارۇن باش كاھىنلىققا كىرىش ئۈچۈن ئاۋۋال يۇيۇندۇرۇلغان، ئاندىن مۇقەددەس ماي بىلەن «مەسىھ قىلىنغان» ۋە ئاخىرىدا ئۈستىگە قۇربانلىق قان چېچىلغانىدى. ئەيسانىڭ «مەسىھ قىلىنىش»ى ماي بىلەن ئەمەس، بەلكى چۆمۈلدۈرۈلۈشتىن چىقىپلا مۇقەددەس روھ بىلەن «مەسىھ قىلىندى» (ئاخىرىدا ئۇ كرېستكە مىخلىنىپ ئۇنىڭغا ھايۋانلارنىڭ قانلىرى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك قېنى چېچىلىپ، «باش كاھىنلىق»قا كىرىپ كاھىنلىق خىزمىتىنى باشلىغان).

## 11-1:4
## مەسىھنىڭ سىنىلىپ ئازدۇرۇشلارغا ئۇچرىشى

بۇ تېما ناھايىتى چوڭ بولۇپ، مۇشۇ يەردە بىز ئەيسا ئۇچرىغان ئازدۇرۇشلارنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە بولغان بەزى يۈزەكى بايقىغىنىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

(1) ئەيسا گۇناھسىز ئىدى. لېكىن ئۇ «سىنىلىپ ئازدۇرۇشلارغا ئۇچرىدى». سىنىلىپ ئازدۇرۇشقا ئۇچراشنىڭ ئۆزى گۇناھ ئەمەس؛ بىز ئازدۇرۇشقا ئۇچرىغىنىمىزدا (ۋە ھەممىمىز ئۇلارغا ئۇچرايمىز)، «مانا مەن ئاللىقاچان گۇناھقا تېيىلىپ كەتكەنمەن» دەپ ھېسابلىماسلىقىمىز كېرەك.

(2) ئەيسا ئۇچرىغان شەيتانىنىڭ دەسلەپكى ئازدۇرۇشى ئەيسانىڭ خۇدالىق قۇدرىتى بىلەن «تاشلارنى نانغا ئايلاندۇرۇش»ى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قورسىقى بەك ئاچقانىدى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلماي، يەر يۈزىدە تولۇق ئىنسان سۈپىتىدە، ئاتىسىغا

تايانغان هالدا ياشاشنى ئەتەي تاللىغانلىقنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تاللىغىنى ««ئىنسان پەقەت نان بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆز بىلەنمۇ ياشايدۇ» دەپ پۈتۈلگەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەندى («قان.» 8:3نى نەقىل كەلتۈرۈپ).

ئەيسانىڭ جاۋابىدىن قارىغاندا، خۇدانىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي، مول ھاياتنى ئۆتكۈزۈش («ئىنساننىڭ ياشىشى») ئۈچۈن ئۇنىڭ «ھەربىر سۆزى»گە موھتاجمىز. شۇڭا بىز خۇدانىڭ سۆزىنى ئۆزىمىزگە تولۇق سىڭدۈرەيلى؛ شۇنداق قىلساق ئەيسانىڭ مۇشۇ يەردە ئېرىشكەن ھالدا شەيتانغا خۇدانىڭ سۆزى بىلەن جاۋاب بەرگىنىدەك، بىزمۇ دۈشمەننىڭ ھەربىر ئالدامچى سۆزىگىمۇ شۇنداق جاۋاب بېرىشكە قوراللاندۇرۇلغان بولىمىز.

(3) ئىككىنچى «ئازدۇرۇش»تا دۈشمەن ئۆزى خۇدانىڭ سۆزىنى ئاۋۋال نەقىل كەلتۈردى! لېكىن ئۇنىڭ نەقىللىرىدە دائىم دېگۈدەك مۇھىم بىر تەرەپ چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە زەبۇردا ئەسلىدە: «ئۇ ئۆز پەرىشتىلىرىگە سېنىڭ ھەققىڭدە ئەمر قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار پۈتكۈل يوللىرىڭدا سېنى ساقلايدۇ. ئايىغىڭ تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلار سېنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ» دېيىلگەن («زەب.» 91:11، 12)

شەيتان زەبۇردىن نەقىل كەلتۈرگەن بۇ سۆزلەردە «پۈتكۈل يوللىرىڭدا سېنى ساقلايدۇ» دېگەن قىسمى ئېيتىلمىغان. بۇ سۆزلەر خۇداغا تايانغان، خۇدانى ئۆز باشپاناھى قىلغان، ئۆزلۈكىدىن ئۆز يولىنى تاللىمايدىغان ئىخلاسمەن كىشىنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ يەردە ئەيسا ئازدۇرۇشقا قارىتا: «تەۋراتتا يەنە، «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى سىنىغۇچى بولما!» دەپ پۈتۈلگەن، دەپ جاۋاب بەردى. تولۇق ھەقىقەت پەقەت مۇقەددەس يازمىلاردىكى «مۇنداق يېزىلغانكى...» دېگەندىلا ئەمەس، بەلكى «يەنە شۇنداق يېزىلغانكى...» دېگەنلەرنىمۇ بىرلەشتۈرگەندە تېپىلىدۇ.

ئىككىنچى ئازدۇرۇش ئۆزىنىڭ چوڭ، قۇدرەتلىكلىكىنى كۆرسىتىپ، بىراقلا ھەممەيلەنگە ئۆزىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئىدى. يەنى شۇنى بايقىدۇقكى، شەيتاندا مەلۇم چەكتە «ئەيسانى ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا» تۇرغۇزغۇدەك قابىلىيەت بار. ئەتراپىمىزدا مۆجىزىلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بىز ھەرگىز ئۇلاردىن كۆرسەتمە ئالمايمىز. خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۇنىڭ سۆزى

ئارقىلىق يېتەكلىگۈچى مۇقەددەس روھتىن باشقا ھېچقانداق شەخس يوق.

(4) ئاخىردا، ئەڭ ئاخىرقى ئازدۇرۇشتا ئىبلىسنىڭ تۈپ مەقسىتىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز — بارلىق ئىبادەتنى خۇداغا ئەمەس (ھەتتا بۇتلارغىمۇ ئەمەس)، بەلكى ئۆزىگىلا قارىتىشتىن ئىبارەتتۇر.
«دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنىڭ شەرەپلىرى» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ ماددىي بايلىقلىرىنى ئەمەس (بۇلار مەسىھكە ھەمدە خۇدانى سۆيگەنلەر ئۈچۈن كارى چاغلىق بىر ئىش)، بەلكى خۇدا ھەر مىللەتكە نېسىپ قىلغان «ئالاھىدىلىك»نى كۆرسىتىدۇ؛ خۇدا مۇشۇلاردا، يەنى مۇزىكا، ئۇسسۇللاردا ۋە ھەرتۈرلۈك سەنئەتتە ئۇلۇغلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، كۆپ ۋاقىتلاردا بۇ تالانتلار ۋە قابىلىيەتلەردىن شەرەپ ئالىدىغىنى خۇدا ئەمەس، بەلكى «بىز ئۆزىمىز قىلغان» دەپ ماختانغان بىزلەر بولىمىز!
مۇشۇ ئازدۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەسىھ يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى يۈز پىرسەنت ئىنسانىنىڭ سۈپىتىدە قويىدۇ: «پەرۋەردىگار خۇدايىڭغىلا ئىبادەت قىل، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت-خىزمىتىدە بول!» دەپ پۈتۈلگەن» («قان.» 13:6).

2-1:7 «باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىپ يۈرمەڭلار. شۇنداقتا خۇدانىڭ ھۆكۈمىگە ئۇچرىمايسىلەر. چۈنكى سىلەر باشقىلار ئۈستىدىن قانداق باھا بىلەن ھۆكۈم قىلساڭلار، خۇدامۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن شۇنداق باھا بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. سىلەر باشقىلارنى قانداق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىسەڭلار، خۇدامۇ سىلەرنى شۇنداق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەيدۇ».

مەسىھنىڭ مۇشۇ يەردە «ھۆكۈم چىقارما» دېگىنى ئادەملەرنىڭ ئەمەل-ھەرىكەتلىرىنى كۆرسەتكىنى ئەمەس، ئەلۋەتتە، بەلكى شەخسلەر ئۈستىگە ھۆكۈم چىقارما، دېگەنلىك. يامان ئىشلارغا قاتناشماسلىقىمىز ئۈچۈن («پەند.» 1:10-19نى كۆرۈڭ) ئادەملەرنىڭ ئەمەل-ھەرىكەتلىرىنى توغرا ياكى توغرا ئەمەس، دەپ پەرق ئېتىشىمىز كېرەك. لېكىن ھەرگىز شەخسلەر ئۈستىگە (يامان، رەزىل، لەنىتى دەپ ئۇلارنى قارغاش قاتارلىق) ھۆكۈم چىقارماسلىقىمىز كېرەك. ئىچكى مەقسەت-مۇددىئالىرىمىزنى بىردىنبىر كۆرگۈچى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقارغۇچى خۇدا ئۆزىدۇر. بىزنىڭ كۆڭۈل

بۆلىدىغىنىمىز خۇدا بىلەن بولغان ئۆز ئالاقىمىزدۇر، بىز ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىز كېرەك. باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى.

6-2:11 «زىندانغا سولانغان يەھيا پەيغەمبەر مەسىھنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى ئاڭلاپ، مۇخلىسلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئەيسادىن: «كېلىشى مۇقەررەر زات ئۆزۈڭمۇ، ياكى باشقا بىرسىنى كۈتۈشىمىز كېرەكمۇ؟» — دەپ سورىدى.

ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— يەھيانىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز ئاڭلاۋاتقانلىرىڭلارنى ۋە كۆرۈۋاتقانلىرىڭلارنى بايان قىلىپ: — كورلار كۆرەلەيدىغان ۋە توكۇرلار ماڭالايدىغان بولدى، ماخاۋ كېسەلى بولغانلار ساقايتىلدى، گاسلار ئاڭلىيالايدىغان بولدى، ئۆلگەنلەرمۇ تىرىلدۈرۈلدى ۋە كەمبەغەللەرگە خۇش خەۋەر جاكارلاندى» — دەپ ئېيتىڭلار. ۋە ئۇنىڭغا يەنە: «مەندىن گۇمانلانماي يۈتلىشىپ كەتمىگەن كىشى بولسا بەختلىكتۇر!» دەپ قويۇڭلار، — دېدى»

يەھيا نېمىشقا ئەيسادىن گۇمانلىنىدۇ؟ يەھيانىڭ سوئالى: «سەن راست قۇتقۇزغۇچى-مەسىھمۇسەن؟» ئىدى. ئۇنىڭ گۇمانى دەل ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسىھ توغرۇلۇق بولغان بېشارەتلىرىنى ئوبدان بىلگەنلىكىدىن چىققانىدى. ئۇبېشارەتلەردىن: مەسىھ بولسا «مۇقەددەس روھتا ۋە ئوتتا چۆمۈلدۈرۈش»نى، جۇملىدىن خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلىدىغان جازالارنى كۈچلۈك ئېلىپ بارغۇچى بولۇشى كېرەك، دەپ چۈشەندى. ئۇ ئەيسا ناسارەت سىناگوگىدا ئۆزىنى ئايان قىلىشى ئۈچۈن نەقىل كەلتۈرگەن، يەشايا پەيغەمبەرنىڭ مەسىھ توغرۇلۇق ئالدىنئالا ئېيتقان مۇنۇ بېشارەتلىرىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى:

— («لۇقا» 4:18-22 ۋە «يەش.» 61:1-2 ۋە 42:6-7) «رەب پەرۋەردىگارنىڭ روھى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا،

چۈنكى ئۇ مېنى ئېزىلگەنلەرگە خۇش خەۋەرلەر يەتكۈزۈشكە مەسىھ قىلغان؛

ئۇ مېنى سۇنۇق كۆڭۈللەرنى ياساپ ساقايتىشقا،
تۇتقۇنلارغا ئازادلىقنى،
چۈشەپ قويۇلغانلارغا زىنداننىڭ ئېچۋېتىلىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا
ئەۋەتتى؛
ئازاد قىلىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشقا ئەۋەتتى؛
پەرۋەردىگارنىڭ شاپائەت كۆرسىتىدىغان يىلىنى ... جاكارلاشقا... مېنى
ئەۋەتتى» ۋە: —
«ئاندىن قارىغۇنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ،
گاسنىڭ قۇلاقلىرى ئوچۇق قىلىنىدۇ،
ئاقساق-توكۇرلار كېيىكتەك ئويناقلاپ سەكرەيدۇ؛
گاچىنىڭ تىلى ناخشا ئېيتىدۇ؛
چۈنكى دالادا سۇلار،
چۆل-باياۋانلاردا دەريا-ئېقىنلار ئۇرغۇپ تاشىدۇ» («يەش.» 35:5-6).

يەھيا: «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» بېشارەتلەر بويىچە «چۈشەپ قويۇلغانلارغا» زىنداننى «ئېچىۋەتسە» ۋە ئەيسا ھەقىقەتەن مەسىھ بولسا، ئۇ نېمىشقا خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالىمايدۇ، شۇنداقلا مەن ئۇنىڭ قۇلى يەھيانى «جىنايەتچى» سالاھىيىتىدە زىنداندا قالدۇردى؟ ــ دېگەندەك گۇمانلاردا بولىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر بايقىيالايدۇكى، ئەيسانىڭ يەھياغا بولغان جاۋابىدا «زىنداننىڭ ئېچۋېتىلىدىغانلىقى»دىن باشقا، يەشايانىڭ بېشارىتىدە ئالدىنئالا ئېيتقان بارلىق مۆجىزىلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەيسانىڭ ئەمەللىرىدىمۇ يەنە بىرخىل مۆجىزە، يەنى «ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى» بار (يەھيانىڭ مۇخلىسلىرى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن).

مەسىھنىڭ مۆجىزىلىك ئەمەللىرى شۇ ۋاقىتقىچە پەقەت خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلار بىلەن چەكلەنگەندى؛ ھۆكۈم-جازا ئىشلىرى تېخى كۆرسىتىلمىگەن. بۇ ئىشلار مەسىھ ئازاب-ئوقۇبەتلەر تارتقاندىن كېيىن يۈز بېرىدۇ، ئەلۋەتتە (يەنى، مەسىھنىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشى بىلەن)؛ لېكىن مەسىھ بۇ ئىشنىمۇ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەيدۇ.

19:11 «...ئىنسانئوغلى بولسا كېلىپ ھەم يەيدۇ ھەم ئىچىدۇ ۋە مانا، ئۇلار: «تازا بىر تويماس ۋە بىر مەيخور ئىكەن. ئۇ باجگىرلار ۋە گۇناھكارلارنىڭ دوستى» دېيىشىدۇ. لېكىن دانالىق بولسا ئۆز پەرزەنتلىرى ئارقىلىق دۇرۇس دەپ تونۇلىدۇ»

ئاخىرقى سۆز شۇنچە كۆپ مەنىگە تولغانكى، ئۇ توغرۇلۇق توختالمىساق بولمايدۇ. ئەينى سورۇندا پەرىسىيلەر ئەيسانى «باجگىر ۋە گۇناھكارلار» بىلەن ئارىلاشقىنى ئۈچۈن تەنقىد قىلىدۇ. بۇ ئىش پەرىسىيلەر ئۈچۈن ئەخمەقلىق ھېسابلىناتتى. سۇلايمان پادىشاھ: «ياماناللارغا رەشك قىلما، ئۇلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىشنى ئارزۇ قىلما» دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئەمەسمۇ («پەند.» 1:24)؟ ھالبۇكى، ئەيسا ئۆزىدە خۇدانىڭ كەچۈرۈمدىن چىققان چەكسىز ئىمكانىيەتلىرىنى سەزگەن نۇرغۇن خەلقنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ كەلگەن. ئۇلار ئۇنىڭدا پەرىسىيلەرنىڭ خۇرسەنلىكى بولغان قۇرۇق دىنىي مۇراسىملارنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ تەبىئىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھەم گۈزەللىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئەمدى مۇشۇ كىشىلەر پۈتكۈل ئۆمرىنى «گۇناھ»دا (دېمەك «ئوچۇق-ئاشكارا» گۇناھدا) ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ مەسىھنىڭ ئۇلار بىلەن «دوست بولۇش»نىغا توسالغۇ بولمايتتى. ئۇلار ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئۆزلىرىنى ئەتىۋارلانغان دەپ ھېس قىلغانىدى؛ ئۇلار خۇدانىڭ مۇھەببىتىدىن كۆپرەك خەۋەردار بولايلى دەپ ئەيسانى ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇشقا زورلايتتى. شۇڭا ئۇلاردىن شۇنچە كۆپ ئادەملەردە (ماتتا ئۆزى ئۇلارنىڭ ئىچىدە) مۇتلەق ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقى ئەجەب ئەمەس. ئەمدى زاكايدەك مەشھۇر ئالدامچى ۋە چىرىك بىر ئەمەلدار ئەيسانى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قارشى ئېلىپ ئاندىن: «يا رەببىم، مەن مال-مۈلكۈمنىڭ يېرىمىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىمەن. ئەگەر مەن بىرەر كىشىنى ئالداپ ھەققىنى يەۋالغان بولسام، ئۇنىڭغا تۆت ھەسسە قاتلاپ قايتۇرىمەن» دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن كىمنىڭ: «نېمىشقا ئەيسا بۇ ناپاك ئادەم بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇرغاندۇ؟» دېگەندەك تەنقىد ئاۋازىنى كۆتۈرەلىسۇن؟ («لۇقا» 1:19-8). شۇ ئەھۋالدا روشەنكى:

«دانالىق بولسا ئۆز پەرزەنتلىرى ئارقىلىق دۇرۇس دەپ تونۇلىدۇ».

دېمەك: —

(1) ھەقىقىي دانالىق (خۇدا ئۆچۈن، روھىي ھاياتقا ئىگە بولغان) پەرزەنتلەرنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ.

(2) خۇدانىڭ دانالىقىنى قوبۇل قىلغانلار (مۇشۇ يەردە ئەيسا بىلەن ھەمداستىخان بولۇشى بىلەن، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى چۈشىنىدىغانلار) بۇ دانالىقنىڭ ھەقىقىي دۇرۇسلۇقى ۋە ياخشىلىقىنى سىزىپ يېتىدۇ.

(3) ئەيسانىڭ مۇشۇنداق «ئەرزىمەس» كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ۋاقتىنى «ئىسراپ قىلغان» دانالىقى ئۇلارنىڭ توۋا قىلىشتىن چىققان مېۋىسىدە، باشقىلارغا بولغان قەرزلەرنى قايتۇرغىنىدا، يېڭى ھاياتنى باشلىغىنىدا «دۇرۇس دەپ تونۇلىدۇ».

بۇ پرىنسىپ كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئەلۋەتتە. خۇدا بىزنى يېتەكلىگەن ئىش بەزىدە دەسلەپتە باشقىلارغا «ۋاقىت ئىسراپچىلىقى»دەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر بېرىپ خۇدادىن چىققان ھەربىر ئىش ئىنسانىنىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيدىغان ئاجايىب مېۋە چىقىرىدۇ.

## 32-31:12

«شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن ھەرتۈرلۈك گۇناھلىرى ۋە قىلغان كۇپۇرلۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس روھقا قىلغان كۇپۇرلۇقى ھېچ كەچۈرۈلمەيدۇ. ئىنسانئوغلىغا قارشى سۆز قىلغان كىمدەكىم بولسا كەچۈرۈمگە ئېرىشەلەيدۇ؛ لېكىن مۇقەددەس روھقا قارشى گەپ قىلغانلار بولسا بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ».

ئەمدى «مۇقەددەس روھقا قىلىنغان كۇپۇرلۇق» دېگەن نېمە ئىشنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۆزىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە ئازابلىقىنى سېزىشكە باشلىغان بەزى سەزگۈر دوستلار: «مەن بۇ «كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدىغان» ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغانمەن؟» دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا، بۇ گۇناھنى سادىر قىلمىغانلىقىغا ئىسپاتتۇر. چۈنكى بۇ گۇناھنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ئالدى-كەينىدە كەلگەن ئىشلار بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. ئەيسا بۇ سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇن خۇدانىڭ قۇدرىتىنى ئاجايىب كۆرسەتكەن بىر مۆجىزىنى ياراتقانىدى. قارىغۇ ۋە گاس، جىن چاپلاشقان بىر ئادەم ئازاد قىلىنىپ كۆرەلەيدىغان ۋە ئاڭلىيالايدىغان بولدى. ئۇنداق

قۇدرەت پەقەت ئىككى مەنبەنىڭ بىرىدىن كەلگەن؛ پەرىسىلەر ئەرشتىن كەلگەن دەپ ئېتىراپ قىلماسلىق ئۈچۈن ئەكسىچە «شەيتاندىن كەلگەن» دەۋالدۇ. بۇنداق دېيىش مۇقەددەس روھنىڭ كىيسەلنى ساقايتىش خىزمىتىگە كۈپۈرلۈق كەلتۈرۈپ، «شەيتاننىڭ ئىشى» دەپ ئۇنىڭغا قارشى سۆزلىگەنلىكتۇر. ئەيسا جاۋابەن: «شەيتان شەيتاننى ھەيدىۋەتمەيدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا كۈلكۈلۈك ئىش بولاتتى. بىراق پەرىسىلەر بولسا «جىنلارنى ھەيدىيەلەيمىز» دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئەمما ئەيسانىڭ جىننى ھەيدىۋەتكەن خىزمىتىنى كۆرگەن خالايىق ھەممىسى:

«بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشىپ:
— بۇ قانداق ئىش؟ يېڭى بىر تەلىمغۇ! ئۇ ھوقۇق بىلەن ھەتتا ناپاك روھلارغىمۇ بۇيرۇق قىلالايدىكەن، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە بويسۇنىدىكەن،
— دېيىشتى» («مار.» 27:1).

بىز ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكاسىدىن، ئۇلار بۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باقمىغان، شۇڭا پەرىسىلەرنىڭ «جىننى ھەيدىۋېتىش»ى ئەمەلىيەتتە ئۇياتلىق تولىمۇ ئۇنۇمسىز بىر ئىشتىن ئىبارەت، خالاس، دەپ خۇلاسىگە كېلىمىز (بىز «مار.» 27:1نى شۇ مەنىدە چۈشىنىمىز). ئەمدى شەيتان تەرەپتە تۇرغان زادى كىم؟

خۇدا ھەربىر ئادەمنى ئۆز نىجاتىغا ۋە شەپقىتىگە ئېلىپ بارماقچى، دەپ ئىشىنىمىز. لېكىن خۇدا مەلۇم بىرسىگە شەپقىتىنى كۆرسىتىنىدە، بۇ ئادەم مۇقەددەس روھنىڭ ئۆز ۋىجدانىدا سۆز قىلىۋاتقىنىنى رەت قىلىۋەرسە، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بولىدۇكى، ئۇ ئۆزى ئەڭ ئېنىق بىلگەننى ئىنكار قىلىپ، مۇقەددەس روھنىڭ ئاۋازىنى قەتئىي چەتكە قېقىدىغان قورقۇنچلۇق ۋاقىت-سائەت كېلىدۇ. ئۇ ھەتتا: «ئۇ شەيتان!» دەيدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بىر كىشى بارسا-كەلمەس، قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن بولىدۇ. ئۇ ئالەمدىكى ئەڭ مۇلايىم ئاۋازنى رەت قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ، كەچۈرۈمگە ئېرىشىش پۇرسىتى يەنە بولمايدۇ. تەۋرات دەۋرىدە ئۆتكەن مىسىر پادىشاھى پىرەۋن بۇ ئىشقا مىسال بولىدۇ. بىز ئاۋۋال: «پىرەۋن كۆڭلىنى قاتتىق قىلدى..»، «پىرەۋن كۆڭلىنى قاتتىق قىلدى..»، «پىرەۋن كۆڭلىنى قاتتىق قىلدى..» («مىس.» 19:8، 32، 7:9) دەپ ئوقۇيمىز، ئاندىن «پەرۋەردىگار پىرەۋنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق قىلدى» دەپ ئوقۇيمىز (1:10، 8:14). شۇ چاغدا پىرەۋن بارسا-كەلمەس دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

40-39:12 «رەزىل ھەم زىناخور بۇ دەۋر بىر «ئالامەت»نىڭ كۆرسىتىلىشىنى ئىستەپ يۈرىدۇ. بىراق بۇ دەۋردىكىلەرگە «يۈنۈس پەيغەمبەردە كۆرۈلگەن مۆجىزىلىك ئالامەت»تىن باشقا ھېچقانداق مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسىتىلمەيدۇ. چۈنكى يۈنۈس پەيغەمبەر يوغان بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ياتقاندەك، ئىنسانئوغلىمۇ ئوخشاشلا ئۈچ كېچە-كۈندۈز يەرنىڭ باغرىدا ياتىدۇ»

«يۈنۈس پەيغەمبەر»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز «يۈنۈس پەيغەمبەردە كۆرۈلگەن ئالامەت-مۆجىزە» ياكى «يۈنۈس پەيغەمبەرنىڭ كارامىتى» توغرۇلۇق خېلى تەپسىلىي توختالغاندۇق. بۇ يەردە شۇنىڭدىن سۆز ئالىمىز: —

«يۈنۈسنىڭ بېلىق تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنىپ ئاندىن قۇسۇپ ياندۇرۇلۇشىنى ئۇنىڭ بىرخىل «ئۆلۈمى ھەم تىرىلىشى» دېگىلى بولىدۇ. مەسىھ ئەيسانىڭ «يۈنۈس پەيغەمبەرنى تەستىقلىغان «مۆجىزىلىك ئالامەت»نى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن ئويلاپ بېقىڭ.

(1) يۈنۈس ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن (ئۆزىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن) ئۆلۈشكە تاشلىۋېتىلگەن؛ ئۇنىڭ بوران ھەم بېلىق تەرەپلىرىدىن بولغان «ئۆلۈمى» ئاشۇ بورانىنى تىنچلاندۇرۇپ، باشقىلارنى قۇتقۇزۇپ ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەن.

مەسىھ ئەيسامۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن چەتكە قېقىلىپ، ياغاچقا مىخلىنىپ ئۆلۈشكە تاشلىۋېتىلگەن؛ بىراق ئۇنىڭ ئۆلۈمى خۇدانىڭ بىزگە قارىتىلغان غەزىپىنى تىنچلاندۇرۇپ، باشقىلارنى قۇتقۇزۇپ مەڭگۈ ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆلۈمى «ئۆزىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن» ئەمەس، بەلكى ئۇ باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

(2) يۈنۈس بېلىقنىڭ قارنىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ياتقان.

مەسىھ ئەيسا گۆردە ئۈچ كېچە-كۈندۈز ياتقان. (يەھۇدىيلارنىڭ «كۈن»نى ھېسابلىشى بويىچە، بىر قانچە سائەتمۇ تولۇق بىر كۈن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەيسانىڭ تېنى يەرلىكتە جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر-ئىككى سائەت، شەنبە تولۇق بىر كۈن، يەكشەنبە تاڭ ئاتقۇچە ياتقىنى «ئۈچ كېچە-كۈندۈز» دەپ ھېسابلىنىدۇ).

(3) يۈنۈس بېلىقتىن «تىرىلگەن»دىن كېيىن، ئۆز قوۋمى بولغان يەھۇدىيلارغا ئەمەس، بەلكى يەھۇدىي بولمىغان نىنەۋەلىكلەرگە تەلىم بېرىشكە بارغان.

مەسىھ ئەيسا تىرىلگەندىن تارتىپ بوُگوُنگە قەدەر ئۆز روسۇللىرى ھەم مۇخلىسلىرى ئارقىلىق يەھۇدىي ئەمەسلەرگە، جۇملىدىن بىزلەرگە ھەققەتەن ئۆزى ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى تارقىتىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ «ئۆز قوۋمى» بولغان يەھۇدىيلار خۇش خەۋەرنى (بوُگوُنگە قەدەر) ئاساسەن تېخى قوبۇل قىلمىغان» («ئەف.» 17:2).

12:43-45 «ناپاك روھ بىراۋنىڭ تېنىدىن چىقىرۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ قۇرغاق دالالارنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ، بىرەر ئارامگاھنى ئىزدەيدۇ، بىراق تاپالمايدۇ ۋە: «مەن چىققان ماكانىمغا قايتاي» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كېلىپ، شۇ ماكانىنىڭ يەنىلا بوش تۇرغانلىقىنى، شۇنداقلا پاكىز تازىلانغانلىقىنى ۋە رەتلەنگەنلىكىنى بايقايدۇ-دە، بېرىپ ئۆزىدىنمۇ بەتتەر يەتتە جىننى باشلاپ كېلىدۇ؛ ئۇلار كىرىپ بىللە تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ كېيىنكى ھالى بۇرۇنقىدىنمۇ تېخىمۇ يامان بولىدۇ. بۇ رەزىل دەۋردىكىلەرنىڭ ھالىمۇ مانا شۇنداق بولىدۇ».

ئەيسانىڭ بۇ قاتتىق ئاگاھى بىرىنچىدىن بىز ئۇچرىشىمىز مۇمكىن بولغان ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ، ئىككىنچىدىن بىر تەمسىل سۈپىتىدە ئېيتىلىدۇ.

جىن چاپلىشىۋالغان كۆپ كىشىلەر بەلكىم ئاۋۋال كۆپ پۇل خەجلەپ دەم ئوقۇيدىغان موللىلار، باخشى ياكى جادۇگەر قاتارلىقلاردىن ياردەم سوراپ، بولمىغاندا ئېتىقادچىلارنىڭ ياردىمىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. بىز ئاۋۋال شۇنى ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئۇنداق مەسىلىدە ياردىمى ئۈچۈن پۇل سورايدىغان ھەرقانداق ئاتالمىش «مەسىھىي ئېتىقادچى» ئەمەلىيەتتە ھېچ ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ پۇل سورىغىنىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئەمەس، بەلكى شەيتاننىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقىغا ئىسپات بولىدۇ.

مەسىھكە باغلانغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن كېيىن جىنلاردىن ئازاد بولغانلىقى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بىراق كىشىلەر بۇ ئاراملىق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ توۋا قىلىپ خۇدانىڭ تولۇق نىجاتىنى ئىزدىمىسە ئەسلىدىكى ئەھۋال قايتا تەكرارلىنىشى مۇمكىن. مەلۇم بىرسىنىڭ ئۆيىدە دائىم كېچىدە كۆپ نەرسىلەر ئۇيان-بۇيان ئۇچۇپ تاملارغا سوقۇلۇپ كۆكۈم-تالقان بولۇپ كېتەتتى، باللار دائىم ئۇخلىيالماي «قارا بېسىپ» كۆپ يامان قاباھەتلەرنى

كۆرەتتى. كېيىن، ئىككى دوست شۇ ئۆي ۋە ئۆيدىكىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. دۇئا قىلغاندىن كېيىن نەچچە كۈنلەر تىنچ-ئامان بولغان. بىراق نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە باشلانغان! ئىككى دوست ئۈچ-تۆت قېتىم بېرىپ دۇئا قىلغان، نەتىجىدە ھەرقېتىم نەچچە كۈنلەر ئارام بولغان، ئاندىن كېيىن مەسىلە يەنە پەيدا بولغان. كېيىنچە، بۇ ئىككى دوست بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ تېخىچە جىنلار ۋە «ئەرۋاھ»لارغا چوقۇنۇپ، ئۇلاردىن مول ھوسۇل بولسۇن دەپ ياردەم سوراشنى تاشلىمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ئىبلىسنى «كەت» دەپ قوغلاپ، ئاندىن يەنە ئۇنى قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىساق پايدىسىز ئىش بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

جىن چاپلاشقان بىر كىشى ئۇلاردىن ئازاد قىلىنغان بولسا ئۇنىڭ ئەيسا مەسىھدە بولغان تولۇق نىجاتىنى، ھەقىقىي ھاياتىنى ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىمىز. «سىرتتىكى پاكىزلىق» ياكى مەلۇم بىرنەچچە «دىنىي مۇراسىم»لار جىن-شەيتانلارغا توسالغۇ بولىدۇ دېگەنلىك تولىمۇ ئەخمىقانە خىيالدۇر. قەلبىمىز خۇدانىڭ روھىنىڭ ماكانى بولۇشقا يارىتىلغان بولۇپ، خۇدانىڭ روھى بىزنى تولدۇرمىسا ھەردائىم ئىچكى دۇنيايىمىزدا بىرخىل قۇرۇقلۇقنى ۋە تولۇقسىزلىقنى ھېس قىلىپ يۈرىمىز. قەلبىمىز «قۇرۇق» تۇرسا، بۇ ئىش يامان روھلارغا ماكانلىشىش ئۈچۈن ئوچۇق بولغان بىر تەكلىپكە باراۋەر بولىدۇ. جىن-شەيتانلاردىن ئارام ئالغاندىن كېيىن توۋا قىلىپ ئېتىقاد قىلىش ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتىن پايدىلانمىغانلارنىڭ «ئاخىرقى ھالى» بەلكىم بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر بولىدىغانلىقىنى بايقىشى مۇمكىن.

يەل گۇمپىسى («چىگوڭ») بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر ئايال دۇئايىمىزنى سورىدى. «چىگوڭ»دىن كەلگەن بەزى روھلار دائىم دېگۈدەك «مىدىرلاپ يۈرۈپ» ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. دۇئادىن كېيىن ھالى بىردەم ياخشى بولدى؛ لېكىن ئۇ يەل گۇمپىسى ھەرىكىتىدىن ۋاز كېچىپ مەسىھنى تولۇق قوبۇل قىلىشقا رازى بولمىدى. ئاخىر بېرىپ جىسمانىي ھالى ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ بەتتەر بولدى.

ئەيسا مەسىھ ئېيتقان بۇ ئىشلار يەنە تەمسىل سۈپىتىدە يۇتكۇل ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھالىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بابىلدا سۈرگۈن بولغاندا تارتقان قىيىنچىلىقلار ئۇلارغا ئاگاھ بولۇپ، ئۇلارنى بۇتپەرەسلىكتىن خالاس قىلغانىدى. لېكىن ئۇلار مەسىھنى قوبۇل قىلمىسا، گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆيى ھازىر «پاكىز» بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر قۇرۇق. شۇڭا «ئىسرائىلنىڭ ئۆيى» بەلكىم «بۇتپەرەسلىك»تىن تېخىمۇ بەتتەر يەتتە «يامان روھ»قا، تېخىمۇ ئەجەللىك گۇناھلارغا ئوچۇق تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەيسانى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە

ۋە پۈتكۈل دۇنياغا زىيان يەتكۈزىدىغان قانچىلىغان يامان ئىشلارنىڭ يەھۇدىي خەلقى ئارقىلىق دۇنياغا كەلگەنلىكىنى پەقەت ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك تارىخىنى بىلگەنلەرلا بىلىدۇ. ئۇلاردىن بىرنەچچە ئىشلارنى تىلغا ئالايلى ــ «راببىيلار» چىقارغان، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات ئاددىي قانۇننى بۇلغىغان ۋە قاتتىق مۇرەككەپلەشتۈرگەن، قائىدە-يوسۇنلۇق «يەھۇدىي دىنى»، يەھۇدىي پەيلاسوپلار چىقارغان ساناقسىز نۇرغۇن خۇداسىز «ئاتېئىزملىق» (خۇداسىزلىق) پەلسەپەلەر، ماركسىزم (ماركس يەھۇدىي ئىدى)، «فرېئۇد پسىخولوگىيەسى» (فرېئۇدمۇ يەھۇدىي ئىدى)، مەغرىپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە سودىسىدىن كۆپ مەنپەئەت شورايدىغان «ئەركىن تاشچىلار» دېگەن مەخپىي جامائەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي خەلقىدىن چىققانىدى؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيى ئەسلى «پاكىز تازىلانغان ۋە رەتلەنگەن» بولسىمۇ، مەسىھنىڭ ماكانى بولمىدى.

## 2:2، 1:14، 16:22 مۇقەددەس يازمىلاردا كۆرسىتىلگەن «ھېرود»لار، شۇنداقلا «ھېرود تەرەپدارلىرى» توغرىسىدا

ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان، «ھېرود» فامىلىلىك، شاھانە مەنسەپ تۇتقان يەتتە شەخس بار: ــ

(1) «ھېرود پادىشاھ»، «بۈيۈك ھېرود» دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ ئۇ ھېرود سۇلالىسىنىڭ ئەجدادى، «ھېرود بىرىنچى» بولغان. («مات.» 1:2). ئۇ ئۆزى تالانتلىق ئەمما ئىنتايىن ئەشەددىي بىر زالىم ئىدى؛ ئۇ كۆپ پۇل خەجلەپ رىم ئىمپېرىيەسىدىن «يەھۇدىيە پادىشاھلىقى»نى سېتىۋالغان (ملادىيەدىن ئىلگىرىكى 37-يىلى). ئۇ ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرى يەھۇدىي ئەمەس ۋە يەھۇدىيلار ئۆچ كۆرىدىغان ئېدوملۇق ئىدى؛ شۇڭا يەھۇدىيلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن نەپرەتلىنەتتى.

«بۈيۈك ھېرود» بولسا «سۇرگۈنلۈكتىن كېيىن قۇرۇلغان» ئىبادەتخانىنى پۈتۈنلەي قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش بىلەن يەھۇدىي خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشقانىدى. گەرچە بۇ يېڭى ئىبادەتخانا شۇ دەۋردىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك ئىمارەت بولسىمۇ، بۇ قۇرۇلۇش ئۇنىڭ نام-ئابرۇيىغا ھېچقانداق ئىجابىي تەسىر يەتكۈزمىگەن.

ملادىيەدىن ئىلگىرىكى 1-يىلى ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن.

(2) «ھېرود ئارخېلائۇس» «بۈيۈك ھېرود»نىڭ ئوغلى («مات.» 22:2). ئۇ يەھۇدىيە ئۆلكىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى (مىلادىيە 1-23-يىلى). رىملىقلار ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئورنىغا رىملىق بىر ۋالىينى قويغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى يېڭىدىن قۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

(3) «بىرىنچى ھېرود»نىڭ يەنە بىر ئوغلى، «ھېرود ئانتىپاس»، گالىلىيەگە ھۆكۈمدار بولغان ئىدى (مىلادىيە 1-23-يىلى تەختتە ئولتۇرغان). ئۇ چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانى ئۆلتۈردى («مات.» 1:14)، ئاندىن ئەيسانى سوراقتا تارتقۇچى بولدى (مىلادىيە 20-40-يىلى تەختتە ئولتۇرغان).

(4) «بىرىنچى ھېرود»نىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، «ھېرود فىلىپ»، ئابىلىنىغا ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇ «ھېرودىئاس»نىڭ قانۇنلۇق ئېرى ئىدى («مات.» 3:14) (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4-يىلىدىن مىلادىيە 34-يىلغىچە).

(5) «بىرىنچى ھېرود»نىڭ يەنە بىر «ھېرود فىلىپ» ئىسىملىك ئوغلى (پەقەت «لۇقا» 1:3دە تىلغا ئېلىنغان) (ۋاقىتلىرى نامەلۇم).

(6) «بىرىنچى ھېرود»نىڭ نەۋرىسى «ھېرود ئاگرىپپا» («روس.» 1:12-3، 23دە تىلغا ئېلىنغان) (مىلادىيە 10-34-يىلى).

(7) يۇقىرىقى «ھېرود ئاگرىپپا»نىڭ ئوغلى، يەنە «ھېرود ئاگرىپپا» دەپمۇ ئاتالغان. روسۇل پاۋلۇس ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىغان («روس.» 13:25، 23، 27:26دە) (مىلادىيە 72-100-يىلى).

«ھېرودلار»نىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «تەبىرلەر»دە «ھېرودلارنىڭ نەسەبنامىسى» جەدۋىلىدە كۆرسىتىلدى.

خەرىتە-سخېمىلارنىمۇ كۆرۈڭ.

## «ھېرود تەرەپدارلىرى توغرۇلۇق

ھېرودلار يەھۇدىي خەلقىگە شۈنچىلىك نەپرەتلىك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەرەپدارى بولغان بىر يەھۇدىي گۇرۇھىنىڭ بولغانلىقى بەلكىم بىزنى سەل ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەمما يەنە سەل ئويلىنىپ باقساق، ھەر دەۋردە ئادەمنى سېتىۋالغۇدەك پۇلى بولسىلا، ئۇلارغا ئۆزلىرىنى سېتىپ يالاقچى، پايلاقچى بولىدىغان ئادەملەر بەرىبىر چىقىدۇ.

لېكىن بىزگە ئەڭ ھەيران قالارلىقى بەلكىم شۇكى، رەببىمىز تەلىم بېرىشكە باشلىغاندا، بىر-بىرىگە كۈشەندە بولغان «ھېرود تەرەپدارلىرى» ۋە پەرىسىيلەر ھەمكارلىشىپ، ئەيسانى يوقىتىشقا مەسلىھەتلىشىدۇ (مەسىلەن، «مار.» 6:3نى كۆرۈڭ). مانا قاراڭغۇلۇقتا تەۋە بولغان كىشىلەر ھامان بىرىنچى بولۇپ نۇر بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ («يۇھ.» 5:1، 19:3).

## 21:15-28 ئەيسانىڭ قانائانلىق ئايالغا بولغان مۇئامىلىسى

ئەيسا مەسىھنىڭ قانانلىك بۇ ئايالغا بولغان مۇئامىلىسى ئوقۇرمەنلەرگە سەل قاتتىق قوللۇقراق ياكى قوپاللىراق كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەمما تەپسىلىي ھالدا سۈرۈشتۈرسەك ئەھۋالنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. لېكىن ئەيسا ئۇنىڭغا بىرنەچچە مۇھىم ساۋاقلارنى ئۆگەتمەكچى ئىدى.

ئەمدى نېمىشقا ئەيسا «ئى رەب! داۋۇتنىڭ ئوغلى، ھالىمغا يەتكەيسىز!» دېگەن يالۋۇرۇشلارغا پىسەنت قىلمىغاندەك قىلىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ ئايال يەھۇدىي ئەمەس، بەلكى بۇتقا چوقۇنىدىغان بىر قانائانلىق ئىدى. ئۇ «داۋۇتنىڭ ئوغلى» دەپ ۋارقىرىغىنىدا ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقىنىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەقەت باشقىلار (يەھۇدىيلار)نىڭ تەلەپلىرىنى دوراپ شۇنداق قىلغان، خالاس. مانا بىرىنچى ئىنتايىن مۇھىم ساۋاق ـــ خۇدا بىزنىڭ چىرايلىق دىنىي سۆزلىرىمىزگە، دۇئالىرىمىزدا دەبدەبىلىك ئەمما ئۆزىمىز چۈشەنمەيدىغان مەلۇم بىرنەچچە سۆزنى (ئۆزىمىز چۈشەنمەيدىغان چەتئەل تىلى ئۇياقتا تۇرسۇن) ئىشلىتىشىمىزگە ھېچ قىزىقمايدۇ. بىز مۇشۇ سۆزلەرنى باشقىلاردىن ئۆگىنىپ دورىغان بولساق تېخىمۇ شۇنداق. مۇشۇ ئايالنىڭ دۇئاسى «رەب، ماڭا ياردەم قىلغايسەن!» دېگەن ئاددىي سۆزلەر بىلەن ئېيتىلغاندىن كېيىن ئەيسانىڭ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغانلىقىنى بايقايمىز.

مۇخلىسلار ئۇنى يولغا سالغايسەن دەپ تەلەپ قىلغىنىدا، ئايال ئەيسانىڭ سۆزىدىن غىل-پال ئۈمىدنى كۆرگەن ئوخشايدۇ. چۈنكى گەرچە ئۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بەرمىگىنى بىلەن ئۇ مۇخلىسلارنىڭ «ئۇنى يولغا سالغايسەن» دېگىنىگىمۇ پىسەنت قىلمىغىنىنىمۇ بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ ئەيسانىڭ ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭ ئەھۋالى ۋە خىزمىتىنى چەكلىگەنلىكىگە «مەن پەقەت يولدىن تېنىگەن قوي پادىلىرى بولغان ئىسرائىل

جەمەتىدىكىلەرگە ئەۋەتىلگەنمەن» دەپ ئازراق چۈشەندۈرۈش بەرگەن (مۇشۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتكىمىز باركى، خۇدانىڭ ئوغلى چەك قويۇلغان خىزمەتنى قوبۇل قىلغان يەردە، بىزمۇ خۇدا ئۆزىمىزگە قويغان چەكلەرگە رازى بولۇشىمىز كېرەك).

بۇ قەدىرلىك ئايال گەرچە ئەيسانىڭ: «تىلەمچىلەر، سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ. ئىزدەڭلار، تاپىسىلەر. ئىشىكنى چېكىڭلار، ئېچىلىدۇ» دېگەن تەلىمىنى ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇ بىزگە بۇ تەلىمنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. چۈنكى ئۇ تىلەشنى قەتئىي توختاتمىدى. ئەيسانىڭ ئۇنىڭغا «كىچىك ئىتلار» توغرۇلۇق بەرگەن جاۋابى بەلكىم قوپال ئاڭلىنىدۇ، لېكىن بۇ سۆز ئايالنىڭ بۇتقا چوقۇنىدىغانلىقىغا مۇلايىم بىر تەنبىھ ئىدى. تاش-ياغاچ نەرسىلەرگە تەزىم قىلىپ چوقۇنىدىغان ئادەملەر ئۆزلىرىنى تىرىك خۇدانىڭ ئېتى بولمىغان ھايۋانلارنىڭ ئارىسىغا قويغان بولىدۇ. ئايال تەنبىھنى ئاغرىنماي قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى ئەيسانىڭ شۇ تەمسىللىك جاۋابىدىن يەنە بىر تىلەش پۇرسىتىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭدا بولغان كۈچلۈك ئىمان-ئېتىقادتا قاراڭلار — «رەب، ساڭا نىسبەتەن قىزىمنى بۇ ئەھۋالدا يېتىپ ئازاد قىلىش پەقەت نان ئۇۋىقىدەكلا كىچىككىنە ئىش، خالاس — سەن ئاسانلا قىلىپ بېرەلەيسەن!» دېگەندەك. ئەيسانىڭ ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ ئېتىقادىنى تەرىپلىگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئايال ئۆيىگە قايتقاندا، دۇئا-تىلاۋىتىم ئىجابەت بولدى دەپ بىلىپ، كۆڭلى شۇنچە شادلىققا چۆمگەندى!

3:16 «(سىلەر) ئەتىگەندە: «بۈگۈن بوران چىقىدۇ، چۈنكى ئاسماننىڭ رەڭگى قىزىل ھەم تۇتۇق»، دەيسىلەر. ئاسمان رەڭگى-رويىنى پەرق ئېتەلەيسىلەر-يۇ، لېكىن بۇ زاماندا يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەرنى پەرق ئېتەلمەيسىلەر!»

مەسىھنىڭ «بۇ زاماندا يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەرنى»نى («زاماندىكى ئالامەتلەرنى») كۆرسەتكىنى توغرۇلۇق توختالساق پايدىسى بولۇپ قالار. پىكرىمىزچە ئۇنىڭ «زاماندىكى ئالامەتلەر» دېگىنى، ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە بولغان كۆپ مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلەر، ياكى يەھيا پەيغەمبەرنىڭ خىزمەتلىرى (گەرچە بۇ ئىشلار ھەممىيلەنگە مۇھىم مەلۇمات يەتكۈزگەن بولسىمۇ) ئەمەس ئىدى.

تەۋراتتا خۇدا ئىسرائىلغا، ئۇزۇمگە ئىتائەتمەن بولساڭلار، سىلەرگە مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكۈچى ۋە قوغدىغۇچى بولىمەن، دەپ كۆپ يەرلەردە ئېنىق ۋەدە قىلغان. بىراق ئۇلار ئەكسىچە ئىتائەت قىلمىغان بولسا ئۇنىڭ جازا-تەربىيىسى تەدرىجىي بېشىغا چۈشىدۇ. بۇ جازا-تەربىيىنىڭ بەش باسقۇچىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلىساق بولىدۇ. ئىتائەتسىزلىكى ئېغىرلاشقانسېرى جازا-تەربىيىمۇ ئېغىرلىشىپ بارىدۇ: —

(1) ۋابا-قىزىتمىنىڭ چۈشۈشى، دۈشمەنلەرنىڭ «ئىشىك ئالدىدا» تۇرۇشى، دۈشمەنلەر ئالدىدا ئاسانلا مەغلۇپ بولۇشى («لاۋ.» 26:14-17).

(2) يامغۇر ئاز، ھوسۇلنىڭ ناچار بولۇشى («لاۋ.» 26:18-20).

(3) ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا ۋە ماللارغا ھۇجۇم قىلىشى (بۇنىڭ كۆچمە مەنىسى بەلكىم دۆلەت ئىچىدىكى مۇقىمسىزلىق، تەرتىپسىزلىك ۋە قانۇنسىزلىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ) («لاۋ.» 26:21-24).

(4) شەھەرلەرنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى، قەھەتچىلىك، دۈشمەنلەر ۋە ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئالدىدا بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاستىدا ياشىشى («لاۋ.» 26:25-27).

(5) دۈشمەنلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشى، قايتىدىن شەھەرلەرنى قورشىۋېلىشى، شەھەرلەر ۋە يەر-زېمىنىنىڭ ۋەيران بولۇشى، سۈرگۈن بولۇشى، سۈرگۈن بولغىنىدا ۋەھىمە ئاستىدا ياشىشى («لاۋ.» 26:27-39، «قان.» 28:63-68).

مىلادىيەدىن ئىلگىرى 539-يىلى ئىسرائىلنىڭ پارس ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن بولۇپ قايتىپ كېلىشكە باشلىغان ۋاقتى ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ قىسقا مەزگىللىك مۇستەقىل ۋاقتىلىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قىيىنچىلىقتا ئىدى؛ ئەيسا مەسىھ ئۇلارغا سۆز قىلغان ۋاقتىدا ئۇلار رىم ئىمپېرىيەسىدە قاتتىق رېجىم ئاستىدا تۇرماقتا ئىدى. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىخلاسمەنلىكى، كۆپ دىنىي ھېيت-بايراملىرى ۋە مۇراسىملىرى توغرۇلۇق ماختانسىمۇ، بۇ ئەھۋاللار خۇدانىڭ ئۇلاردىن تېخى رازى ئەمەسلىكىگە ئىسپات ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تېخىچە توۋا قىلماي، خۇدانىڭ جازا-تەربىيىسىنىڭ «بەشىنچى باسقۇچ»ىدىن، يەنى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپ ۋەيران بولۇش، شۇنداقلا سۈرگۈن بولۇش خەتىرىدە تۇرغانلىقىغا «ئالامەتلەر» («زاماندىكى ئالامەتلەر») ئەمەسمۇ؟ ۋە شۇنداق ئىشلار دەرۋەقە مىلادىيە 70-يىلىدا يۈز بەرگەن.

يېرۇسالېم شەھىرى ۋەيران بولۇپ كۆپ يەھۇدىيلار سۈرگۈن بولدى؛ كېيىن، مىلادىيە 135-يىلى پەلەستىندە تۇرۇپ قالغان يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زېمىندىن قايتىدىن سۈرگۈن بولۇپ، يىراقت-يىراقلارغا تارقالغان.

## جامائەتنىڭ ئۇلى نېمە؟

16:16-18: «سىمون پېترۇس:
— سەن مەسىھ، مەڭگۈلۈك ھايات خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنسەن، — دەپ جاۋاب بەردى.
ئەيسا ئۇنىڭغا:
— بەختلىكسەن، ئى يۇنۇس ئوغلى سىمون! بۇنى ساڭا ئاشكارىلىغۇچى ھېچ ئەت-قان ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئەرشتىكى ئاتامدۇر. مەن ساڭا شۇنى ئېيتايكى، سەن بولساڭ پېترۇسدۇرسەن. مەن جامائىتىمنى بۇ ئۇيۇلتاش ئۈستىگە قۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىدىن تەھتىسارانىڭ دەرۋازىلىرىمۇ غالىب كېلەلمەيدۇ».

بۇ سوئال ئىنتايىن مۇھىم. كاتولىكلار مۇشۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن، روسۇل پېترۇس «جامائەتنىڭ ئۇل تېشى»، ئەيسا شۇڭا ئۇنى جامائەتنىڭ بىرىنچى «رىم پاپاسى» دەپ بېكىتكەن، دەپ تەلىم بېرىدۇ. لېكىن ئايەتلەر (ۋە پېترۇسنىڭ كېيىنكى تەلىمى) دەل بۇنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىدۇ.

«سەن بولساڭ پېترۇسدۇرسەن («پېترۇس» دېگەنلىك «كىچىك بىر تاش»)؛ جامائىتىمنى بۇ قورام تاش (گرېك تىلىدا «پېترا»، يوغان بىر تاش) ئۈستىگە قۇرىمەن». ھالقىلىق مەسىلە، مەسىھ «پېترا» بىلەن نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئالىملار بۇ توغرۇلۇق ئىككى كۆزقاراشتا بولۇپ كەلدى.

بىرىنچى كۆزقاراش، مەسىھ بۇ سۆز بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتتى؛ ئىككىنچى كۆزقاراش، بۇ سۆز پېترۇسنىڭ ئېتىقادى، شۇنداقلا ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ (گرېك تىلىدا «ئېتىراپ» ھەم «پېترا» ئايالچە رودتىكى سۆز). بۇ بىزنىڭ كۆزقارىشىمىزدۇر؛ ئەيسانىڭ «بۇنى ساڭا ئاشكارىلىغۇچى ھېچ ئەت-قان ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئەرشتىكى ئاتامدۇر» دېگەن ئالدىنقى سۆزلىرىگە

قارىغاندا، جامائەت مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى، دېگەن ئېتىقادقا ئۇل سېلىنغان؛ لېكىن بۇ ئېتىقاد ئىنساندىن ئەمەس، بەلكى خۇدا ئۆزىدىن كەلگەن ئېتىقادتۇر. ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ھەممىسى ئاجىز ۋە نازۇك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما مەسىھ بۇ ئېتىقاد ئۈستىگە ئۆز جامائىتىنى قۇرماقتا ۋە «ئۆلۈمنىڭ ئۈستىدىن تەھتىسارانىڭ دەرۋازىلىرىمۇ غالىب كېلەلمەيدۇ!».

«1پېت.» 2:4-10دە، پېترۇسنىڭ جامائەتنىڭ ماھىيىتى توغرۇلۇق سۆزلىرىنى كۆرۈڭ. ئۇ يەردە ئۇ ئۆزىنى «ئۇل تېشى» دەپ كۆرسىتەمدۇ ياكى ئۆزىنىڭ پەقەت خۇدانىڭ ئۆيىدىكى «تىرىك تاشلار»دىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەمدۇ؟ ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى بىرنېمە دېسۇن!

بۇ ئايەتلەردىن يەنە بىر مەسىلە چىقىدۇ؛ ئەيسا پېترۇسقا دەرۋەقە چوڭ بىر ھوقۇقنى تاپشۇردۇ. بۇ ئۇنىڭ «پاپا» ئىكەنلىكى توپەيلىدىنمۇ؟! —

«ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ساڭا تاپشۇرىمەن؛ سەن يەر يۈزىدە نېمىنى باغلىساڭ ئەرشتىمۇ باغلانغان بولىدۇ، سەن يەر يۈزىدە نېمىنى قويۇپ بەرسەڭ، ئەرشتىمۇ قويۇپ بېرىلگەن بولىدۇ»

بۇ ئاچقۇچلار نېمە؟ جاۋابىمىز بەك ئاددىي؛ پېترۇس دەرۋەقە خۇدانىڭ «ئاچقۇچلۇق ئادەم»ى بولۇپ چىقتى. ئۈچ بەك مۇھىم پەيتتە ئۇ پەيغەمبەرچىلىق قىلىپ خۇدانىڭ ئاغزىدەك بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئېتىقادى ئارقىلىق خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشى ئۈچۈن «ئىشىك ئاچتى» —

(1) ئۇ «ئورما ھېيتى» كۈنىدە يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقان يەھۇدىيلارنىڭ ئېتىقاد قىلىشى ئۈچۈن «ئىشىك ئاچتى» («روس.» 2:14-42). (ئۇ شۇ كۈنىدە سۆز قىلغاندا «يېقىن ئەھدە»نىڭ دائىرىسىنىمۇ زور كېڭەيتىپ ئېچىپ بەردى (2:39)، بىراق ئۆزىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى ئاۋۋال تولۇق چۈشەنمىدى، دەپ قارايمىز).

(2) ئۇ سامارىيەدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ مۇقەددەس روھنى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن «ئىشىك ئاچتى» («روس.» 8:14-17).

(3) («روس.» 10-باب) ئۇ «يات ئەللىكلەر» ئۈچۈن «ئېتىقادنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى» (يەنە 15:7نىمۇ كۆرۈڭ). شۇنىڭ بىلەن ئۇ «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نىڭ بېشىدا خاتىرىلەنگەن سۆزلەرنى («سىلەر مۇقەددەس روھ ئۈستۈڭلارغا چۈشكەندە

سلەر كۆچ-قۇدرەتكە ئىگە بولىسىلەر، يېرۇسالېم، پۈتۈن يەھۇدىيە ۋە سامارىيە ئۆلكىلىرى، جاھاننىڭ چەتلىرىگىچە ماڭا گۇۋاھچى بولىسىلەر»)
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «ئاچقۇچلۇق ئادەم» ئىدى.

## 17-بابتىكى «مەسىھنىڭ ئۆزگىرىپ جۇلالىقتا كۆرۈنۈشى»

مۇشۇ يەردە مەسىھنىڭ «ئۆزگىرىپ جۇلالىقتا كۆرۈنۈشى»نىڭ ئىچكى شەرىپىنىڭ تولۇق مەنىسىنى ــ ئىنتايىن چوڭ بىر تېما ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشكە سەھىپىمىز چەكلىك بولغاچقا، بىز پەقەت مۇشۇ يەردە پېترۇسنىڭ: «ئى رەب، بۇ يەردە بولغىنىمىز نېمىدېگەن ياخشى! خالىساڭ، بىرىنى ساڭا، بىرىنى مۇساغا، يەنە بىرىنى ئىلياسقا دەپ، بۇ يەرگە ئۈچ كەپە ياسايلى» دېگىنىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئازراق توختىلايلى.

بىرىنچىدىن شۇ ۋاقىتلار بەلكىم «كەپە ھېيتى» مەزگىلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغدا ئىسرائىللار ئۆز ئۆيلىرىنى بىر ھەپتە تاشلاپ ئۆزلىرى ئۈچۈن كەپىلەرنى قۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ مەقسىتى: —

(1) ئىسرائىل مىسىردىن چىقىپ پەلەستىنگە سەپەر قىلغىنىدا تۇرغان ماكانلىرى كەپە-چېدىرلار ئىكەنلىكىنى ئەسلەش، ۋە: —

(2) كەلگۈسى زاماندا، مەسىھ كەلگەندە، «خۇدا ئىنسانلار بىلەن ماكانلىشىدۇ» دەپ ئەسلەش (مەسىلەن، «يەش.» 4:2-6، 20:33، «زەف.» 15:3). شۇڭا پېترۇس مۇشۇنداق كەپىلەرنى ياسىشىمىز كېرەك، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، شۇ ئاجايىب مىنۇتلارنى ئۇزارتىشتىن ئىبارەت ئىدى. كىم مەسىھ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بولسا شۇنداق بولۇشنى خالىمايدۇ؟ كەپىلەرنى ياساش ئۇلارنى ئۇزاقراق تۇرۇشقا قايىل قىلمامدۇ؟!

ھالبۇكى، خۇدا ئۇنىڭ تەشەببۇسىغا قەتئىي نارازىلىقىنى بىلدۈردى. نېمىشقا دېسەك، سەۋەبى مۇسا ۋە ئىلياس پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولغانلىقىدىن كۆرۈنىدۇ. پېترۇسنىڭ ئېغىر خاتالىقى، مۇشۇ ھۆرمەتلىك ئەربابلارنى (ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە) مەسىھ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇنداق ئىشقا خۇدا قەتئىي يول قويمايدۇ.

«بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇمدۇر، مەن ئۇنىڭدىن خۇرسەنمەن. ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار!»

باشقا ھېچكىم مەسىھ بىلەن سېلىشتۇرغۇچىلىقى يوقتۇر؛ ئۇ ئوغۇل، تەڭداش قوتقۇزغۇچى، ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ قولىدا ئولتۇرغان، ئالەمنىڭ ئىگىسىدۇر.

7:18 «ئىنساننى گۇناھقا پۇتلاشتۇرىدىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! پۇتلاشتۇرىدىغان ئىشلار مۇقەررەر بولىدۇ؛ لېكىن شۇ پۇتلاشتۇرغۇچى ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي!».

ئەيسانىڭ بۇ سۆزى بەلكىم يەھۇدانى كۆزدە تۇتىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق بۇ سۆزنىڭ كەڭ دائىرىلىك پرىنسىپلىرى بار. تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەرنى قايتىلىساق زىيىنى بولماس: —

(1) خۇدا ھېچكىمنى گۇناھ قىلىشقا بېكىتمەيدۇ، ياكى ھېچكىمنى گۇناھقا ئازدۇرمايدۇ («ياق.» 13:1)؛

(2) خۇدا ئادەملەرنىڭ گۇناھلىق قىلمىشلىرىنى ئالدىنئالا بىلگەچكە، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پىلانلىرىنىڭ ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، گەرچە ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئۇلارنىڭ گۇناھلىق قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ كۆرۈنگەن بولسىمۇ، مۇشۇنداق ئىشلار ئۇنىڭ بىۋاستە ئىرادىسى ئەمەس ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي ياقمايدۇ.

(3) مۇشۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلغان كىشىلەر ئۆز قىلمىشلىرىغا مەسئۇلدۇر. مەسىلەن، بىز خۇدا ئادەمئاتىمىزنىڭ ئېرەم باغچىسىدا گۇناھ سادىر قىلىدىغانلىقىنى ئاۋۋال بىلەتتى، ۋە كېيىن ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھى ئۇنىڭ ئۇلۇغ مېھىر-شەپقىتىنى تېخىمۇ روشەن قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز. لېكىن ئادەمئاتىمىز بەربىر ئۆز گۇناھىغا مەسئۇل ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچ بولمىغاندا يەر يۈزىدە جازا تارتتى. يەھۇدانىڭ مەسىھگە ساتقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى تەۋراتتا ئالدىنئالا ئېيتىلغانىدى، لېكىن يەھۇدا بۇ ئىش ئۆزلۈكىدىن، مۇشۇ يولنى ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن تاللىۋالدى («رىم.» 1:3-10، 9:14-24).

44:21 «بۇ «تاش»قا يىقىلغان كىشى پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ؛ لېكىن بۇ تاش ھەركىمنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، ئۇنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىدۇ».

مەسىھنىڭ بۇ سۆزىدىن قارىغاندا، مەسىھ بولغان تاشتىن «پاچاقلىنىش»تىن باشقا يول يوق ئوخشايدۇ! ئەمەلىيەتتە ئىشلىرىمىز دەرۋەقە شۇنداق بولۇشى كېرەك. مەسىھنىڭ يېنىغا قاچقانلار، ئۇنى باشپاناھ قىلىپ ئۈستىگە يىقىلغانلار ھامان بىر كۈنى مۇقەددەس

روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز گۇناھى ۋە شەخسىيەتچىلىكى توپەيلىدىن توۋا قىلىش جەريانىدا ئۆزىدە ئەسلىدە بولغان ئۆزگە ئىشىنىش، تەكەببۇرلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ پارە-پارە قىلىنغانلىقىنى بايقايدۇ. خۇدانىڭ نىجاتىغا شۇ يولدا بويسۇنمىغانلار ھامان بىر كۈنى ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ جازاسى ئاستىدا بايقايدۇ. خۇدانىڭ جازاسىنى ئېلىپ بارغۇچى مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا رەقىب بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئاستىدا كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتكەن بۈيۈك «تاش»دۇر («دان.» 34:2، 35، 44).

33:22 ««مەن ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارنىڭ خۇداسىدۇرمەن!» دېگەن شۇ سۆزنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟ خۇدا ئۆلۈكلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى تىرىكلەرنىڭ خۇداسىدۇر!».

خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە ئېيتقان بۇ سۆزلىرى (ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار دۇنيادىن ئۆتۈپ 350 يىل كېيىن) نېمىشقا ئۆلۈمدىن تىرىلىش دېگەن ئىشنى ئىسپاتلايدۇ؟ ئەيسا كۆرسەتكىنىدەك «خۇدا ئۆلۈكلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى تىرىكلەرنىڭ خۇداسىدۇر!» ــ شۇڭا خۇدا بۇ سۆزلەرنى ئېيتقان ۋاقتىدا ئۇ مۇشۇ ئۈچ شەخسنىڭ روھىنىڭ ئىبادىتىنى قوبۇل قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا تىرىك بولماي قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئىشنىڭ ئۆزى «ئۆلۈمدىن تىرىلىش» («يېڭى تەندە بولۇش») نى تولۇق ئىساتلىمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆزلەر بىزگە خۇدانىڭ ئەسلىدە بۇ ئۈچ شەخسكە تاپشۇرغان كۆپ ۋەدىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بولۇپمۇ: «سەن كۆرۈۋاتقان بۇ زېمىنلارنى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا تەقدىم قىلىمەن. بۇ زېمىن مەڭگۈ سىلەرگە مەنسۇپ» («يار.» 15:13، ئىبراھىمغا ئېيتىلغان)؛ «مەن سەن ۋە سەندىن كېيىنكى نەسلىڭگە سەن ھازىر مۇساپىر بولۇپ تۇرغان بۇ زېمىننى، يەنى پۈتكۈل قانائان زېمىنىنى ئەبەدىي بىر مۈلۈك سۈپىتىدە ئاتا قىلىمەن؛ ۋە مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن» («يار.» 8:17، ئىبراھىم ۋە ئىسھاققا ئېيتىلغان)، (ئاندىن ئوخشاش ۋەدە ياقۇپقا ئېيتىلغان 4:28). خۇدا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مۇشۇ زېمىننى ۋەدە قىلغاندىن كېيىن چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. گەرچە ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسرائىللار قانائان زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئۆمرىدە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن بىر پارچە يەرنى سېتىۋالغاندىن باشقا ھېچيەرگە ئىگە بولمىدى! ئەمدى خۇدا سۆزىنى ئۇلارغا ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن

ئۆلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈپ قانائان زېمىنىدىكى ئۆز مىراسىدا تۇرغۇزىدىغان بىر كۈنى بولۇشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

10ـ6:27 «باش كاھىنلار كۈمۈش تەڭگىلەرنى يىغىۋېلىپ: ــ
بۇ خۇن تۆلۈمى بولغان تەڭگىلەردۇر، ئۇلارنى ئىبادەتخانىنىڭ خەزىنىسىگە قويۇش ھارام، ــ دېيىشتى. ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بۇ پۇللار بىلەن ياقا يۇرتلۇقلارغا مازارلىق بولسۇن دەپ، ساپالچىنىڭ بىر پارچە ئېتىزلىقىنى سېتىۋالدى. شۇڭا بۇ يەر ھازىرغىچە «قانلىق ئېتىز» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.
بۇ ۋەقە ئارقىلىق يەرەمىيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن بۇرۇن ئېيتىلغان مۇنۇ بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى:
«ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭ ئۈچۈن باھالاپ بېكىتكەن باھاسىنى،
يەنى ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى ئۇلار ئېلىشتى،
ۋە پەرۋەردىگار ماڭا ئەمر قىلغاندەك،
ساپالچىنىڭ ئېتىزىنى سېتىۋېلىشقا خەجلەشتى».

مۇشۇ يەردىكى مەسىلە، ماتتا مۇشۇ بېشارەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ «يەرەمىيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن» بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ، لېكىن بۇ بېشارەت تەۋراتتا، «زەكەرىيا پەيغەمبەر»دە تېپىلىدۇ: ــ
«ۋە پەرۋەردىگار ماڭا: «مانا بۇ ئۇلار ماڭا بېكىتكەن قالتىس باھا! ئۇنى ساپالچىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەر!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيىدە، ساپالچىنىڭ ئالدىغا چۆرۈۋەتتىم» («زەك.» 13:11)
بەش ئىمكانىيەت بار: ــ
(1) ماتتا ئەسلىدە «زرىيۇ» (ياكى «زەرىئۇ») ــ «زەكەرىيا»نىڭ قىسقارتىلما شەكلى) دەپ يازغان. بىراق كېيىنكى كۆچۈرمىچىلەر ئۇنى «جرئيۇ» («يەرەمىيا»نىڭ قىسقارتىلما شەكلى) دەپ ئوقۇپ خاتا كۆچۈرگەن.
(2) ئەسلىدە ماتتا ھېچ پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى قويمىغان، پەقەت «پەيغەمبەر

تەرپيدىن» دەپ يازغان. كېيىنكى كۆچۈرمىچىلەر يەرەمىيانىڭ ئىسمىنى خاتا كىرگۈزگەن. بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە ھېچ ئىسىم كۆرۈنمەيدۇ؛ ئاز بىر قىسىم كۆچۈرمىلەردىمۇ «زەكەرىيا»نىڭ ئىسمى كۆرۈلىدۇ.

(3) تەۋراتتا زەكەرىيا پەيغەمبەر تەرپيدىن خاتىرىلەنگەن بۇ بېشارەت ئەمەلىيەتتە يەرەمىيانىڭ بىر بېشارىتى ئىدى؛ بىراق بۇنىڭ خاتىرىسى يوقاپ كەتكەن.

(4) ماتتا ئىككى بېشارەتنى يىغىنچاقلىدى؛ بىرىنچىسى زەكەرىيانىڭكى، ئىككىنچىسى يەرەمىيانىڭكى (19:1-13دە خاتىرىلەنگەن — يەرەمىيانىڭ شۇ بېشارىتىدە «ساپالچىنىڭ دەرۋازىسى»نىڭ سىرتىدىكى، ئەخلەت كۆيدۈرۈلگەن جاي، شۇنداقلا خۇدانىڭ جازاسىغا مۇناسىۋەتلىك جاي («توفەت») كۆرسىتىلىدۇ).

(5) تەۋراتتىكى بەزى كونا كۆچۈرمىلەر «ئورام يازما» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، «پەيغەمبەرلەرنىڭ «ئورام يازما»سىدا بولسا «يەرەمىيا» كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئىدى. شۇڭا مۇمكىنچىلىكى باركى، ماتتانىڭ «يەرەمىيا»نىڭ ئىسمىنى ئىشلەتكىنى پەقەت «يەرەمىيا» دېگەن قىسمىنى ئەمەس، بەلكى («زەكەرىيا»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان) «يەرەمىيا پەيغەمبەر» دېگەن ئىسىم دەپ ئاتالغان پۈتكۈل يازمىنى كۆرسەتكەنىدى.

بىز 1- ياكى 2-كۆزقاراشقا قايىلمىز.

# ئىنجىل 2-قىسىم

# «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر»

## كىرىش سۆز

ئوقۇرمەنلەر «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» توغرۇلۇق ئالاھىدە تونۇشتۇرۇشنى «ئىنجىلدىكى «تۆت بايان»» توغرۇلۇق ئومۇمىي كىرىش سۆزدىن تاپالايدۇ. بىز مۇشۇ يەردە پەقەت تۆت نۇقتا ئۈستىدە توختالماقچىمىز: —

(1) ماركۇس روسۇل پېترۇس بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بايانىدا پېترۇسنىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق كۆرگەن ھەممە ئۇنىڭ چۈشىنىشلىرى ئارقىلىق مەلۇم بولغان نۇرغۇن تەپسىلاتلار باردۇر. ناھايىتى قىزىق بىر يېرى شۇكى، «ماركۇس»تا ئۇن ئىككى روسۇل ۋە باشقا مۇخلىسلارنىڭ مەسىھگە باغلىغان ئېتىقادى جەھەتتىدە كۆپ يېتەرسىزلىكلەر ۋە نۇقسانلار تولىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، «ماركۇس»نىڭ ئاخىرقى بابلىرىدا ئەيساغا ئەگەشكەنلەرنىڭ «روسۇل» ياكى «مۇخلىس» دېگەن ئاتىقى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆرۈنمەيدۇ.

بىزنىڭ ھېچ گۇمانىمىز يوقكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدىكى تېيىلىپ كېتىشلىرىنىڭ ماھىيىتىنى روسۇل پېترۇس كېيىن چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن، شۇڭا ماركۇس بۇ بايانىنى يازغاندا پېترۇس ئۇنىڭغا «مەسلىھەتچى» بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ نۇقتا ئېنىق نامايان قىلىنسۇن دەپ قاتتىق جېكىلىگەن. شۇنىڭدەك ماركۇسنىڭ بايانىدا پېترۇسنىڭ سەۋەنلىكلىرى ۋە ئىمانسىزلىقلىرى ئېنىق كۆرۈنىدۇ (7:16نى كۆرۈڭ). ھەتتا «ماتتا»دا مەسىھنىڭ پېترۇسنىڭ ئېتىقادىنى تەرىپلىگەن سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، «ماركۇس»تا خاتىرىلەنمىگەن («مات.» 17:16-19). بۇنىڭ سەۋەبى بەكمۇ روشەندۇر. ماركۇس پېترۇس، باشقا روسۇللار ۋە مۇخلىسلار (ۋە ھازىرقى بىزلەر)نىڭ ئىشەنچلىك ۋە

ئېتىقادلىق ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇلۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى باردۇر ــ لېكىن ماركۇس بۇ ئىش پەقەت مەسىھ ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن «يېڭى ئەھدە» بىلەن بولىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ («مار.» 24:14). «مار.» 7:14-23دە مەسىھنىڭ ئىنسانىنىڭ قەلبىدىكى ئالدامچىلىق ۋە چوڭقۇر گۇناھكار تەبىئىيتىگە شۇنچە ئېنىق دىئاگنوزى كۆرسىتىلىدۇ؛ بۇ جاھىلتەبىئىيتىمىز بىز پەقەت مەسىھنىڭ ئەھدىسىگە كىرىپ، مۇقەددەس روھتىن مۇيەسسەر بولغاندىلا ئاخىرلىشىپ، ئاندىن «يېڭى روھ، يېڭى قەلب» بىلەن قايتىدىن بىر باشلىنىش بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

(2) ماركۇس مەسىھنىڭ زور كۈچ-قۇدرىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئىسپاتلىماقچى. شۇڭا «تۆت بايان» ئىچىدە ماركۇسنىڭ بايانىدا مەسىھنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرى كۆپرەك خاتىرىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ نۇقتا ئېنىق كۆرۈنۈشى ئۈچۈن ئۇ كۆپ كارامەتلەرنى تۈركۈملەر بويىچە خاتىرىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ بايانىنى پۈتۈنلەي «ۋاقىت تەرتىپى» بويىچە يازغان ئەمەس.

(3) 51:14-52دە، ئەيسانىڭ باشقا بارلىق مۇخلىسلىرىغا ئوخشاش، «ئەيسانى تاشلاپ قاچقان» بىر «نامەلۇم ياش يىگىت» كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ياش يىگىتنى ماركۇسنىڭ ئۆزى، دەپ ئىشىنىمىز.

(4) ماركۇس «بايان»نى ئىنتايىن ئاددىي ۋە روشەن ئۇسلۇب بىلەن يازىدۇ.

## مەزمۇن: –

1. يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ كېلىشىنى جاكارلىشى (1:1-8)
2. ئەيسا مەسىھنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشى ۋە سىنىلىشى (9:1-13-ئايەتلەر)
3. ئەيسا مەسىھنىڭ گالىلىيەدىكى خىزمىتى (14:1-50:9)
4. ئەيسا مەسىھنىڭ يېرۇسالېمغا سەپىرى (10-باب)
5. ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ دۇنيادىكى خىزمىتىنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى (11-15-بابلار)
6. ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلىشى ۋە مۇخلىسلىرىغا كۆرۈنۈشى (16-باب)

# ماركۇس

## «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر»
## چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ تەلىم بېرىشى

مات. 3:1-12؛ لۇقا 3:1-9، 15-17؛ يـۇھ. 1:19-28

1 [1] خۇدانىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنىڭ باشلىنىشى:
[2] يەشايا پەيغەمبەرنىڭ يازمىسىدا خاتىرىلەنگەندەك: ـ

«مانا، ئالدىڭدا ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن.
ئۇ سېنىڭ يولۇڭنى ئالدىنئالا تەييارلايدۇ.
[3] ئاڭلاڭلار، دالادا بىرسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنى!
ئۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تەييارلاڭلار،
ئۇنىڭ ئۈچۈن چىغىر يوللىرىنى تۈپتۈز قىلىڭلار!» ـ دەيدۇ».

[4] كىشىلەرنى چۆمۈلدۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان يەھيا پەيغەمبەر
چۆل-باياۋاندا پەيدا بولۇپ، گۇناھلارغا كەچۈرۈم ئېلىپ كېلىدىغان،

---

1:1 **«ئەيسا مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرى»** ـ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن، ئۆزى توغرۇلۇق خۇش خەۋەردۇر. **«خۇش خەۋىرىنىڭ باشلىنىشى»** ـ ماركۇس ئەيسا مەسىھ توغرۇلۇق بۇ خۇش خەۋەرنىڭ ئۆزى خۇدا ئالەمنى ياراتقىنىدەك يېڭى بىر باشلىنىش كەلدى، دەپ كۆرسەتمەكچى بولۇشى مۇمكىن («يار.» 1:1).

2:1 **«مانا، ئالدىڭدا ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن. ئۇ سېنىڭ يولۇڭنى ئالدىنئالا تەييارلايدۇ»** ـ سۆزلىگۈچى خۇدا ئۆزى، ئەلۋەتتە. مۇشۇ سۆزلەر ئاۋۋال «مىس.» 20:23 ھەم «مال.» 3:1دە كۆرۈنىدۇ.

**2:1** مىس. 20:23؛ مال. 1:3؛ مات. 10:11؛ لۇقا 27:7.

3:1 **«ئاڭلاڭلار، دالادا بىرسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنى! ئۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تەييارلاڭلار، *ئۇنىڭ ئۈچۈن چىغىر يوللىرىنى تۈپتۈز قىلىڭلار!»** ـ «يەش.» 3:40.

**3:1** يەش. 3:40؛ مات. 3:3؛ لۇقا 4:3؛ يـۇھ. 23:1.

تولۇق قىلىشنى بىلدۈرىدىغان سۇغا «چۆمۈلدۈرۈش»نى جاكارلاشقا
باشلىدى.
[5] پۈتۈن يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىكىلەر ۋە پۈتكۈل يېرۇسالېم
شەھىرىدىكىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، گۇناھلىرىنى ئىقرار
قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئىئوردان دەرياسىدا چۆمۈلدۈرۈلدى.
[6] يەھيا بولسا تۆگە يۇڭىدىن قىلىنغان كىيىم كىيگەن، بېلىگە كۆن
تاسما باغلىغانىدى؛ يېمەكلىكى چېكەتكە بىلەن ياۋا ھەرە ھەسىلى
ئىدى. [7] ئۇ مۇنداق دەپ جاكارلايتتى:
مەندىن قۇدرەتلىك بولغان بىرى مەندىن كېيىن كېلىدۇ. مەن ھەتتا
ئېڭىشىپ كەشلىرىنىڭ بوغقۇچىنى يېشىشكىمۇ لايىق ئەمەسمەن!
[8] مەن سىلەرنى سۇغىلا چۆمۈلدۈرىمەن، لېكىن ئۇ سىلەرنى مۇقەددەس
روھقا چۆمۈلدۈرىدۇ.

## مەسىھنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشى ۋە سىنىلىشى

مات. 3:13-17؛ لۇقا 3:21-22

[9] شۇ كۈنلەردە، ئەيسا گالىلىيە ئۆلكىسىنىڭ ناسارەت شەھىرىدىن
كېلىپ، يەھيا تەرىپىدىن ئىئوردان دەرياسىدا چۆمۈلدۈرۈلدى. [10] ئۇ
سۇدىن چىققاندىلا، ئاسمانلارنىڭ يېرىلىپ، روھنىڭ كەپتەر

---

1:4 **«يەھيا پەيغەمبەر چۆل-باياۋاندا پەيدا بولۇپ...»** — ئەرەبچە «يەھيا» دېگەن ئىسىم ئىبرانيي تىلىدا ۋە گرېك تىلىدا ئۆچرايدىغان «يوھاننا» دېگەن ئىسىمدۇر؛ مەنىسى، «پەرۋەردىگارنىڭ مېھىر-شەپقىتى»دۇر. **««گۇناھلارغا كەچۈرۈم ئېلىپ كېلىدىغان، تولۇق قىلىشنى بىلدۈرىدىغان «چۆمۈلدۈرۈش»»** — «چۆمۈلدۈرۈش» بولسا، سۇغا چۆمۈلدۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، «يامان يوللىرىڭلاردىن يېنىپ، تولۇق قىلىڭلار! تولۇق قىلغانلىقىڭلارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇغا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىڭلار. شۇنداق قىلغاندا، خۇدا سىلەرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ!» — دېگەندەك.

**1:4** مات. 3:1؛ لۇقا 3:3؛ يـۇھ. 3:23.

**1:5** مات. 3:5؛ لۇقا 3:7.

**1:6** 2پاد. 1:8؛ لاۋ. 11:22؛ مات. 3:4.

**1:7** مات. 3:11؛ لۇقا 3:16؛ يـۇھ. 1:27.

**1:8** يەش. 44:3؛ يو. 2:29، 28؛ مات. 3:11؛ روس. 1:5؛ 2:4؛ 11:16، 15؛ 19:4.

قىياپىتىدە چۈشۈپ، ئۆز ئۈستىگە قونۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. [11]شۇنىڭ
بىلەن ئاسمانلاردىن: «سەن مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن سەندىن
تولۇق خۇرسەنمەن!» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.
[12]ۋە روھ دەرھال ئۇنى چۆل-باياۋانغا سۈيلەپ چىقاردى. [13]ئۇ چۆلدە
قىرىق كۈن تۇرۇپ، شەيتان تەرىپىدىن سىنىلىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ يەردە
ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بىللە ئىدى؛ شۇ كۈنلەردە پەرىشتىلەر ئۇنىڭ
خىزمىتىنى قىلدى.

## ئەيسانىڭ تۆت بېلىقچىنى چاقىرىشى

مات. 4:12-22؛ لۇقا 4:14-15؛ 5:1-11

[14-15]ئەمدى يەھيا سولانغاندىن كېيىن، ئەيسا گالىلىيە ئۆلكىسىگە
بېرىپ: «ۋاقىت-سائىتى توشتى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى يېقىنلاشتى!
توۋا قىلىڭلار، خۇش خەۋەرگە ئىشىنىڭلار!» دەپ خۇدانىڭ
پادىشاھلىقىنىڭ خۇش خەۋىرىنى جاكارلاشقا باشلىدى.

---

1:10 «روھنىڭ كەپتەر قىياپىتىدە چۈشۈپ، ئۆز ئۈستىگە قونۇۋاتقانلىقىنى كۆردى» — «روھ» خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھنى كۆرسىتىدۇ. «كەپتەر قىياپىتىدە» — ياكى «پاختەك قىياپىتىدە». گرېك تىلىدا بۇ قۇش «پېرىستېرا» دەپ ئاتىلىدۇ. «پېرىستېرا» گرېك تىلىدا ھەم كەپتەرنى ھەم پاختەكنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
1:10 مات. 3:16؛ لۇقا 3:21؛ يـۇھ. 1:32.
1:11 زەب. 2:7؛ يەش. 42:1؛ مات. 3:17؛ 17:5؛ مار. 9:7؛ لۇقا 3:22؛ 9:35؛ كول. 1:13؛ 2پېت. 1:17.
1:12 «ۋە روھ دەرھال ئۇنى چۆل-باياۋانغا سۈيلەپ چىقاردى» — «روھ» — خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھنى كۆرسىتىدۇ. «...روھ دەرھال ئۇنى چۆل-باياۋانغا سۈيلەپ چىقاردى» — گرېك تىلىدا «...روھ دەرھال ئۇنى چۆل-باياۋانغا ئىتتىرىپ چىقاردى» دېيىلىدۇ.
1:12 مات. 4:1؛ لۇقا 4:1.
1:13 «ئۇ چۆلدە قىرىق كۈن تۇرۇپ، شەيتان تەرىپىدىن سىنىلىپ تۇراتتى» — بۇ ئايەتكە قارىغاندا، ئۇ چۆل-باياۋاندا قىرىق كۈن تۇرغاندا، شەيتاننىڭ سىناقلىرى توختىماي داۋاملاشتۇرۇلغانىدى. «ماتتا» ۋە «لۇقا»دا خاتىرىلەنگەن سىناقلار بۇ قىرىق كۈننىڭ ئاخىرىدا كەلگەن بولۇپ، سىناقلار ئەۋجىگە چىققانىدى.
1:14-15 «خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ خۇش خەۋىرى» — ياكى «خۇدانىڭ خۇش خەۋىرى».
1:14-15 مات. 4:12؛ لۇقا 4:14؛ يـۇھ. 4:43.

16 شۇ كۈنلەردە ئۇ گالىلىيە دېڭىزى بويىدا كېتىۋېتىپ، سىمون بىلەن
ئىنىسى ئاندرىياسنى كۆردى. ئۇلار بېلىقچى بولۇپ، دېڭىزغا تور
تاشلاۋاتاتتى. 17 ئەيسا ئۇلارغا:
مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار، مەن سىلەرنى ئادەم تۇتقۇچى بېلىقچى
قىلىمەن! — دېدى. 18 ئۇلار شۇئان تورلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ ماڭدى. 19 ئۇ شۇ يەردىن بىرئاز ئۆتۈپ زەبەدىينىڭ ئوغلى
ياقۇپنى ئىنىسى يۇھاننا بىلەن كۆردى. بۇ ئىككىسى كېمىدە تۇرۇپ
تورلىرىنى ئوڭشاۋاتاتتى. 20 ئۇ شۇئان ئۇلارنىمۇ چاقىردى. ئۇلار ئاتىسى
زەبەدىينى مەدىكارلار بىلەن بىللە كېمىدە قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ
بىلەن ماڭدى.

## ئەيسانىڭ جىن چاپلاشقان ئادەمنى ئازاد قىلىشى

لۇقا 4:31-37

21 ئۇلار كەپەرناھۇم شەھىرىگە كىردى. شابات كۈنى ئۇ ئۇدۇل
سىناگوگقا كىرىپ، تەلىم بېرىشكە باشلىدى. 22 خالايىق ئۇنىڭ
تەلىمىگە ھەيرانۇھەس بولۇشتى. چۈنكى ئۇنىڭ تەلىملىرى تەۋرات
ئۇستازلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، بەلكى تولىمۇ نوپۇزلۇق ئىدى.

---

16:1 **«ئۇلار بېلىقچى بولۇپ، دېڭىزغا تور تاشلاۋاتاتتى»** — مۇشۇ خىل تور ئادەتتە كېمىنىڭ كەينىدىن تارتىلاتتى.

**16:1** مات. 4:18.

17:1 **«مەن سىلەرنى ئادەم تۇتقۇچى بېلىقچى قىلىمەن!»** — «ئادەمنى تۇتقۇچى» مۇشۇ يەردە «تۇتۇش» زىيان يەتكۈزۈش ياكى ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى شەيتاننىڭ ئىلكىدىن ئېلىپ قۇتقۇزۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**17:1** يەر. 16:16؛ ئەز. 47:10.

**18:1** مات. 19:27؛ مار. 10:28؛ لۇقا 5:11؛ 18:28.

**19:1** مات. 4:21.

21:1 **«ئۇ ئۇدۇل سىناگوگقا كىرىپ، تەلىم بېرىشكە باشلىدى»** — «سىناگوگ»لار — يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەت قىلىشقا يىغىلىدىغان جايلىرى. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**21:1** مات. 4:13؛ لۇقا 4:31.

**22:1** مات. 7:28؛ لۇقا 4:32.

[23] سىناگوگتا ناپاك روھ چاپلاشقان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ:
[24] ــ ئى ناسارەتلىك ئەيسا، بىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! سەن بىزنى
يوقاتقىلى كەلدىڭمۇ؟ مەن سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلىمەن، سەن
خۇدانىڭ مۇقەددەس بولغۇچىسىسەن! ــ دەپ توۋلايتتى.
[25] لېكىن ئەيسا جىنغا تەنبىھ بېرىپ: ــ ئاغزىڭنى يۇم، بۇ ئادەمدىن
چىق! ــ دېدى.
[26] ناپاك روھ ھېلىقى ئادەمنىڭ تېنىنى تارتىشتۇرۇپ، قاتتىق
ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتتى.
[27] خالايىق ھەممىسى بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، ئۆزئارا
غۇلغۇلا قىلىشىپ:
بۇ قانداق ئىش؟ يېڭى بىر تەلىمغۇ! چۈنكى ئۇ ھوقۇق بىلەن ھەتتا
ناپاك روھلارغىمۇ بۇيرۇق قىلالايدىكەن، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە
بويسۇنىدىكەن، ــ دېيىشتى. [28] بۇنىڭدىن ئۇنىڭ شۆھرىتى شۇ
ھامان پۈتۈن گالىلىيە ئۆلكىسىنىڭ ئەتراپىغا پۇر كەتتى.

## ئەيسانىڭ سىموننىڭ ئۆيىدە بىمارلارنى ساقايتىشى

مات. 8:14-17؛ لۇقا 4:38-41

[29] ئۇلار سىناگوگتىن چىقىپلا، ياقۇپ ۋە يۇھاننا بىلەن سىمون ۋە
ئاندرىياسنىڭ ئۆيىگە باردى. [30] ئەمما سىموننىڭ قېينئانىسى قىزىتما
ئىچىدە يېتىپ قالغانىدى. ئۇلار دەرھال ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئەيساغا
ئېيتتى. [31] ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ، قولىدىن تۇتۇپ، يۆلەپ ئۆرە
تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى دەرھال ياندى ۋە ئۇ ئۇلارنى كۈتۈشكە
كىرىشتى.
[32] كەچقۇرۇن كۈن پاتقاندا، كىشىلەر بارلىق ئاغرىقلارنى ۋە

1:23 **«ناپاك روھ»** ــ جىننى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇنداق ئىبارە جىنلارنىڭ ئەينى ناپاكلىقىنى تەكىتلەيدۇ.
1:23 لۇقا 4:33.
1:29 مات. 8:14؛ لۇقا 4:38.

جىن چاپلاشقانلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. [33] پۈتۈن
شەھەردىكىلەر ئىشىك ئالدىغا توپلاشقانىدى. [34] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر
تۈرلۈك كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ساقايتتى
ۋە نۇرغۇن جىنلارنى كىشىلەردىن ھەيدىۋەتتى. لېكىن ئۇ جىنلارنىڭ
گەپ قىلىشقا يول قويمىدى، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى
بىلىشەتتى.

## دۇئا قىلىش، تەلىم بېرىش

لۇقا 4:42-44

[35] ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ تېخى ئاتماستىنلا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ،
شەھەردىن چىقىپ، خىلۋەت بىر جايغا بېرىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلدى.
[36] سىمون بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنى ئىزدەپ چىقتى. [37] ئۇنى
تاپقاندا:
ھەممە ئادەم سېنى ئىزدىشىۋاتىدۇ! ــ دېيىشتى. [38] ئۇ ئۇلارغا:
باشقا يەرلەرگە، ئەتراپتىكى يېزىلاردىمۇ سۆز-كالامنى جاكارلىشىم
ئۈچۈن بارايلى. چۈنكى مەن دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كېلىشىم، ــ
دېدى. [39] شۇنداق قىلىپ، ئۇ پۈتكۈل گالىلىيە ئۆلكىسىنى ئايلىنىپ،
سىناگوگلىرىدا سۆز-كالامنى جاكارلايتتى ھەمدە جىنلارنى
كىشىلەردىن ھەيدىۋېتەتتى.

---

32:1 **«كەچقۇرۇن كۈن پاتقاندا، كىشىلەر بارلىق ئاغرىقلارنى ۋە جىن چاپلاشقانلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى»** ــ شۇ كۈنى «شابات كۈنى» (دەم ئېلىش كۈنى) بولۇپ، خەلق بىمارلارنى ئەيسانىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىش ئۈچۈن كەچقۇرۇنغىچە كۈتكەنىدى. ئىبرانىيلارغا نىسبەتەن «يېڭى بىر كۈن» كەچقۇرۇندا باشلىنىدۇ.

**32:1** مات. 8:16؛ لۇقا 4:40.

**35:1** مات. 14:23؛ لۇقا 4:42.

38:1 **«چۈنكى مەن دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كېلىشىم»** ــ گرېك تىلىدا «چۈنكى مەن دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چىقىشىم».

**38:1** يەش. 61:1؛ لۇقا 4:18، 43.

## ئەيسانىڭ ماخاۋ كېسەلنى ساقايتىشى

مات. 8:1-4؛ لۇقا 5:12-16

[40] ماخاۋ كېسىلى بار بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېلىنىپ،
تىزلىنىپ تۇرۇپ:
ئەگەر خالىسىڭىز، مېنى كېسەلدىن پاك قىلالايسىز! ــ دەپ
ئۆتۈندى.
[41] ئەيسا ئىچى ئاغرىغاچ قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ:
خالايمەن، پاك قىلىنغىن! ــ دېۋىدى، [42] شۇ سۆز بىلەنلا ماخاۋ كېسىلى
دەرھال بىماردىن كېتىپ، ئۇ پاك قىلىندى. [43] ئۇ ئۇنىڭغا:
ھازىر بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتما، بەلكى ئۇدۇل بېرىپ مەسئۇل
كاھىنغا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ، كاھىنلاردا گۇۋاھلىق بولۇش ئۈچۈن،
مۇسا بۇ كېسەلدىن پاكلانغانلارغا ئەمر قىلغان قۇربانلىقلارنى
سۇنغىن، ــ دەپ ئۇنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ يولغا سالدى.
[45] بىراق ئۇ ئادەم چىقىپ، بۇ ئىشنى كۆپ يەرلەردە جار سېلىپ، كەڭ
يېيىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا ھېچقانداق شەھەرگە ئوچۇق-ئاشكارا
كىرەلمەي، بەلكى شەھەرلەر سىرتىدىكى خىلۋەت جايلاردا تۇرۇشقا
مەجبۇر بولدى؛ خالايىق ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭ يېنىغا توپلىشاتتى.

---

40:1 **«ماخاۋ كېسىلى بار بىر كىشى»** ــ «ماخاۋ كېسىلى» بىر خىل قورقۇنچلۇق تېرە كېسىلى بولۇپ، يەھۇدىيلار بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنى ناپاك دەپ قاراپ ئۇلارغا قەتئىي يېقىنلاشمايتتى.

**40:1** مات. 8:2؛ لۇقا 5:12.

43:1 **«مۇسا بۇ كېسەلدىن پاكلانغانلارغا ئەمر قىلغان قۇربانلىقنى سۇنغىن»** ــ مۇسا پەيغەمبەر تەۋرات قانۇنىدا شۇنداق ئەمرنى كۆرسەتكەن: ــ بىر ماخاۋ كېسىلى ساقايتىلغان بولسا، ئۇ مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ساقايتىلغانلىقىنى كاھىنغا كۆرسىتىپ، ئاندىن ماخاۋ كېسىلىدىن ساقايغانلار قىلىشقا تېگىشلىك قۇربانلىقلارنى سۇنۇشى كېرەك ئىدى. شۈبھىسىزكى، مۇسا پەيغەمبەردىن باشلاپ مەسىھ ئەيسا كەلگۈچە، بۇ مۇراسىم ھېچ ئۆتكۈزۈلۈپ باققان ئەمەس ئىدى. «لاۋ» 14-بابنى كۆرۈڭ.

**43:1** لاۋ. 2:13؛ 1:14.

## ئەيسانىڭ پالەچ ئادەمنى ساقايتىشى

مات. 9:1-8؛ لۇقا 5:17-26

2 1 بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ قايتىدىن كەپەرناھۇمغا كىردى.
ئۇ ئۆيدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقىلىۋىدى، 2 شۇنچە كۆپ ئادەم
ئۇ يەرگە يىغىلدىكى، ھەتتا ئىشىك ئالدىدىمۇ پۇت دەسسىگۈدەك
يەر قالمىغانىدى. ئۇ ئۇلارغا سۆز-كالام يەتكۈزۈۋاتاتتى. 3 مانا شۇ
ئەسنادا، بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پالەچنى ئېلىپ كەلدى؛
ئۇنى ئۇلاردىن تۆتى كۆتۈرۈپ ئەكەلگەنىدى. 4 ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن
ئۇنىڭغا يېقىنلىشالماي، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆگزىنى تېشىپ،
تۆشۈك ئاچقاندىن كېيىن پالەچنى زەمبىل بىلەن ئەيسانىڭ ئالدىغا
چۈشۈردى. 5 ئەمدى ئەيسا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى كۆرۈپ پالەچكە:
بالام، گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى، ــ دېدى.
6 لېكىن ئۇ يەردە ئولتۇرغان بەزى تەۋرات ئۇستازلىرى كۆڭلىدە
گۇمانىي سوئاللارنى قويۇپ: 7 «بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ؟ ئۇ
كۇپۇرلۇق قىلىۋاتىدىغۇ! خۇدادىن باشقا كىممۇ گۇناھلارنى كەچۈرۈم
قىلالىسۇن؟» دېيىشتى.
8 ئەيسا شۇئان روھىدا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە شۇنداق گۇمانىي
سوئاللارنى قويۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
سىلەر كۆڭۈلدە نېمىشقا شۇنداق سوئاللارنى قويىسىلەر؟ 9 مۇشۇ
پالەچكە: «گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى!» دېيىش ئاسانمۇ،
ياكى «ئورنۇڭدىن تۇر، زەمبىل-كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ ماڭ!»
دېيىش ئاسانمۇ؟ 10 ئەمما ھازىر سىلەرنىڭ ئىنسانئوغلىنىڭ
يەر يۈزىدە گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە

---

**1:2** مات. 9:1؛ لۇقا 5:17.

**3:2** مات. 9:1؛ لۇقا 5:18.

**4:2** **«ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆگزىنى تېشىپ، تۆشۈك ئاچقاندىن كېيىن...»** ــ ئاۋۋال ئۆگزىنىڭ كاھىشلىرىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى.

**7:2** زەب. 5:32؛ 2:51-4؛ يەش. 25:43.

ئىكەنلىكىنى بىلىشكىلار ئۈچۈن، ــ ئۇ پالەچ كېسەلگە:
[11]ــ ساڭا ئېيتايكى، ئورنۇڭدىن تۇر، زەمبىل-كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ
ئۆيۈڭگە قايت! ــ دېدى. [12]ئۇ دەرھال ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، زەمبىل-
كۆرپىسىنى يىغىشتۇردى ۋە ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا ئۆيىدىن
چىقىپ كەتتى. ھەممەيلەن قاتتىق ھەيران قېلىپ خۇدانى
ئۇلۇغلىشىپ:
مۇشۇنداق ئىشنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدۇق، ــ دېيىشتى.

## ئەيسانىڭ لاۋىينى مۇخلىسلىققا چاقىرىشى ـ «گۇناھكارلار» بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇرۇشى

مات. 9:9-13؛ لۇقا 5:27-32

[13]ئۇ يەنە دېڭىز بويىغا قاراپ ماڭدى. كىشىلەر توپى ئۇنىڭ ئەتراپىغا
ئولىشىۋالدى. ئۇ ئۇلارغا تەلىم بەردى.
[14]ئۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، باج ئالىدىغان ئورۇندا ئولتۇرغان
ئالفاينىڭ ئوغلى لاۋىينى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:
ماڭا ئەگەشكىن، ــ دېدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
[15]ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ لاۋىينىڭ ئۆيىدە داستىخاندا ئولتۇرغاندا،
نۇرغۇن باجگىرلار ۋە گۇناھكارلار ئەيسا ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى
بىلەن ھەمداستىخان بولدى. بۇنداق كىشىلەر خېلى كۆپ ئىدى،
ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنىدى. [16]ئەمدى تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە

---

13:2 مات. 9:9؛ لۇقا 5:27.

14:2 **«باج ئالىدىغان ئورۇندا ئولتۇرغان ئالفاينىڭ ئوغلى لاۋىي...»** ــ «لاۋىي»نىڭ باشقا ئىسمى «ماتتا» ئىدى.

15:2 **«داستىخاندا ئولتۇرغاندا»** ــ گرېك تىلىدا «داستىخاندا ياتقاندا» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇ چاغلاردا كىشىلەر داستىخان سېلىنغان شىرە ئەتراپىدا يانپاشلاپ ياتقان ھالدا غىزالىنىشاتتى. **«نۇرغۇن باجگىرلار ۋە گۇناھكارلار ئەيسا ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى بىلەن ھەمداستىخان بولدى»** ــ «باجگىرلار» ئىسرائىلنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغان رىملىقلار ئۈچۈن ئۆز خەلقىدىن باج يىغىپ بېرىدىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن نەپرەتكە ئۇچرىغان يەھۇدىيلار. **«گۇناھكارلار»** ــ تەۋرات-ئىنجىل بويىچە ھەربىر ئادەم گۇناھكار، ئەلۋەتتە. لېكىن مۇشۇ ئايەتتىكى «گۇناھكارلار»

پەرىسىيلەر ئۇنىڭ گۇناھكارلار ۋە باجگىرلار بىلەن بىر داستىخاندا
ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، مۇخلىسلىرىغا:
ئۇ نېمىشقا باجگىر ۋە گۇناھكارلار بىلەن بىر داستىخاندا يەپ-
ئىچىپ ئولتۇرىدۇ؟! ــ دېيىشتى. [17] بۇنى ئاڭلىغان ئەيسا ئۇلارغا:
ساغلام ئادەم ئەمەس، بەلكى بىمارلار تېۋىپقا موھتاجدۇر. مەن ھەققانىيلارنى
ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى چاقىرغىلى كەلدىم، ــ دېدى.

## يېڭى كونىدىن ئەۋزەلدۇر

مات. 9:14-17؛ لۇقا 5:33-39

[18] ئەمدى يەھيانىڭ مۇخلىسلىرى بىلەن پەرىسىيلەر روزا
تۇتۇۋاتاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
نېمىشقا يەھيانىڭ مۇخلىسلىرى ۋە پەرىسىيلەرنىڭ مۇخلىسلىرى
روزا تۇتىدۇ، لېكىن سېنىڭ مۇخلىسلىرىڭ تۇتمايدۇ؟ ــ دەپ
سوراشتى.
[19] ئەيسا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
تويى بولىۋاتقان يىگىت تېخى تويدا ھەمداستىخان ئولتۇرغان چاغدا،
مېھمانلىرى روزا تۇتۇپ ئولتۇرسا قانداق بولىدۇ!؟ تويى بولىۋاتقان

---

دېگەن سۆز، ھالى چوڭ پەرىسىيلەر ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە «گۇناھكارلار» دەپ ئاتالغان باجگىرلار، پاھىشە ئاياللار، ھەتتا ساۋاتسىز كىشىلەر قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

16:2 **«تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر...»** ــ «پەرىسىيلەر» قاتتىق تەلەپلىك بىر دىنىي مەزھەپتىكىلەر ئىدى. ئۇلار توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

17:2 **«ھەققانىيلارنى ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى چاقىرغىلى كەلدىم»** ــ مۇشۇ مۇھىم سۆزدە «گۇناھكارلار» دېگىنى، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەممە ئادەم گۇناھكاردۇر. «ھەققانىيلار» پەرىسىيلەردەك ئۆزىنى ھەققانىي دەپ ھېسابلىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مەسىھ شۇنداق كىشىلەرنى چاقىرالمايتتى.

**17:2** مات. 9:13؛ 21:31؛ لۇقا 5:32؛ 19:10؛ 1تىم. 1:15.

**18:2** مات. 9:14؛ لۇقا 5:33.

يېگىت تويدا بولسىلا، ئۇلار ھېچقانداق روزا تۇتالمايدۇ. [20] ئەمما شۇ
كۈنلەر كېلىدۇكى، يېگىت ئۇلاردىن ئېلىپ كېتىلىدۇ، ئۇلار شۇ كۈندە
روزا تۇتىدۇ.
[21] ھېچكىم كونا كۆڭلەككە يېڭى رەختتىن ياماق سالمايدۇ. ئۇنداق
قىلسا، يېڭى ياماق كىرىشىپ، كونا كىيىمنى تارتىشتۇرۇپ
يىرتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، يىرتىق تېخىمۇ يوغىناپ كېتىدۇ. [22] ھېچكىم
يېڭى شارابنى كونا تۇلۇملارغا قاچىلىمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلسا،
شارابنىڭ ئېچىشى بىلەن تۇلۇملار يېرىلىپ كېتىدۇ-دە، شارابمۇ
تۆكۈلۈپ كېتىدۇ ھەم تۇلۇملارمۇ كاردىن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
يېڭى شاراب يېڭى تۇلۇملارغا قاچىلىنىشى كېرەك.

## ئىنسانئوغلى «شابات كۈنىنىڭ ئىگىسى»دۇر
## 23-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ

مات. 1:12-8؛ لۇقا 1:6-5

[23] بىر شابات كۈنى شۇنداق بولدىكى، ئۇ بۇغدايلىقلاردىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى يولدا مېڭىۋاتقاندا باشاقلارنى
ئۈزۈشكە باشلىدى. [24] پەرىسىيلەر ئۇنىڭغا:

---

**19:2** **«توي مېھمانلىرى»** — گرېك تىلىدا «مەرىكە زالىنىڭ پەرزەنتلىرى» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**19:2** يەش. 5:62؛ 2كور. 2:11.

**20:2** **«يېگىت مېھمانلاردىن ئېلىپ كېتىلىدۇ»** — بۇ سۆزلەر ئەيسانىڭ ئۆلۈمى ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە قايغۇ-ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بېشارەت.

**21:2** **«ھېچكىم كونا كۆڭلەككە يېڭى رەختتىن ياماق سالمايدۇ»** — يېڭى رەخت كىرىشىپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**22:2** مات. 17:9.

**23:2** **«بىر شابات كۈنى شۇنداق بولدىكى، ...»** — «شابات كۈنى» (دەم ئېلىش كۈنى) توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. بۇ شەنبە كۈنى، تەۋرات كالېندارى بويىچە ھەپتىنىڭ يەتتىنچى كۈنى بولۇپ، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئىسرائىلدىكى ھەربىر ئىنسان ۋە مال-چارۋىلارمۇ شۇ كۈنى ھەرقانداق ئىش-خىزمەت قىلماي، دەم ئېلىشى كېرەك ئىدى.

**23:2** قان. 24:23؛ مات. 1:12؛ لۇقا 1:6.

**قارا، ئۇلار نېمىشقا شابات كۈنى تەۋراتتا چەكلەنگەن ئىشنى قىلىدۇ؟**
**ــ دېيىشتى. 25 ئۇ ئۇلارغا: پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئۆزى ۋە ھەمراھلىرى**
**ھاجەتمەن بولغاندا، يەنى ئاچ قالغاندا نېمە قىلغانلىقىنى مۇقەددەس**
**يازمىلاردىن ئوقۇمىغانمۇسىلەر؟ 26 ــ دېمەك، ئابىياتار باش كاھىن**
**بولغان ۋاقىتتا، ئۇ خۇدانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، خۇداغا ئاتالغان، تەۋراتتا**
**پەقەت كاھىنلارنىڭ يېيىشىگىلا بولىدىغان نانلارنى سوراپ يېگەن،**
**شۇنداقلا ھەمراھلىرىغىمۇ بەرگەن؟ ــ دېدى.**
**27 ئۇ ئۇلارغا يەنە: ئىنسان شابات كۈنى ئۈچۈن ئەمەس، شابات كۈنى**
**ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلدى. 28 شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانئوغلى شابات**
**كۈنىنىڭمۇ ئىگىسىدۇر، ــ دېدى.**

---

24:2 **«تەۋراتتا چەكلەنگەن ئىش»** ــ تەۋرات قانۇنىدا چەكلەنگەن، دېمەكچى. تەۋرات قانۇنى بويىچە دەم ئېلىش كۈنى «خامان تېپىش» «خىزمەت» دەپ قارىلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق ئىش دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. پەرىسىيلەر مۇخلىسلارنىڭ دانلارنى يېيىش ئۈچۈن ئاقلىشىنى «خامان تەپكەنلىك» دەپ قارىغان. ئەمدى باشاقلارنى ئۈزۈپ يېيىش زىرائەتلەرگە ئورغاق سېلىش بىلەن ئوخشاشمۇ ياكى ئوخشاش ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا ئوقۇرمەنلەر مەسىھنىڭ جاۋابىنى ئوقۇپ ئۆزى بىرنېمە دېسۇن! «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ
**24:2** مىس. 10:20.

25:2 **«داۋۇتنىڭ... ئاچ قالغاندا نېمە قىلغانلىقىنى مۇقەددەس يازمىلاردىن ئوقۇمىغانمۇسىلەر؟»** ــ «ئوقۇمىغانمۇسىلەر؟» دېگەن سۆز پەرىسىيلەرنىڭ دائىم رەقىبلىرىدىن سورايدىغان سوئال شەكلى ئىدى.
**25:2** 1سام. 6:21.

26:2 **«ئابىياتار باش كاھىن بولغان ۋاقىتتا»** ــ «1سام.» 21:1-7 بويىچە، ئابىياتار رەسمىي باش كاھىن بولمىغان. لېكىن ئىنجىل دەۋرىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش، ئىككى ئادەم باشقا-باشقا پەردە بولسا ئىككىسى شۇ رولدا بولۇشى مۇمكىن (مەسىھ يەر يۈزىدە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە كاياپاس ئىسمىلىك ھەم ئانناس ئىسمىلىك ئىككى ئادەم ئوخشاش بىر ۋاقىتتا «باش كاھىن» ئىدى). **«داۋۇت خۇدانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، خۇداغا ئاتالغان، تەۋراتتا پەقەت كاھىنلارنىڭ يېيىشىگىلا بولىدىغان نانلارنى سوراپ يېگەن، شۇنداقلا ھەمراھلىرىغىمۇ بەرگەن؟»** ــ بۇ ۋەقە «1سام.» 21:1-7دە خاتىرىلەنگەن.
**26:2** لاۋ. 24:9.

28:2 **«ئىنسانئوغلى»** ــ مەسىھنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىبارە توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ
**28:2** مات. 12:8؛ لۇقا 6:5.

## قولى قۇرۇپ كەتكەن بىمارنىڭ ساقايتىلىشى

مات. 12:9-14؛ لۇقا 6:6-11

3 [1] ئۇ يەنە سىناگوگقا كىردى. شۇ يەردە بىر قولى يىگىلەپ كەتكەن
بىر ئادەم بار ئىدى. [2] پەرىسىيلەر ئەيسانىڭ ئۇستىدىن
ئەرز قىلالىغۇدەك بىرەر باھانە ئىزدەپ، ئۇنىڭ شابات كۈنىدە كېسەل ساقايتىدىغان-
ساقايتمايدىغانلىقىنى پايلاپ يۈرەتتى. [3] ئەيسا قولى يىگىلەپ
كەتكەن ئادەمگە:
ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئوتتۇرىغا چىققىن! ــ دېدى.
[4] ئاندىن، سىناگوگدىكىلەردىن:
تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇن بولغىنى شابات كۈنى ياخشىلىق قىلىشمۇ، ياكى
يامانلىق قىلىشمۇ؟ جاننى قۇتقۇزۇشمۇ ياكى ھالاك قىلىشمۇ؟ ــ دەپ
سورىدى. لېكىن ئۇلار زۇۋان سۈرۈشمىدى. [5] ئۇ غەزەپ بىلەن ئەتراپىغا نەزەر
سېلىپ ئۇلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇلارنىڭ تاش يۈرەكلىكىدىن قايغۇردى.
ئاندىن ئۇ كېسەلگە:
قولۇڭنى ئۇزات، ــ دېدى. ئۇ قولىنى ئۇزىتىۋىدى، قولى ئەسلىگە
كەلتۈرۈلدى.

---

**1:3** مات. 9:12؛ لۇقا 6:6.

2:3 «**پەرىسىيلەر ئەيسانىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلالىغۇدەك بىرەر باھانە ئىزدەپ، ئۇنىڭ شابات كۈنىدە كېسەل ساقايتىدىغان-ساقايتمايدىغانلىقىنى پايلاپ يۈرەتتى**» ــ ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان ئەرزى بولسا «ئۇ شابات كۈنىدە كېسەلنى ساقايتسا، «ئىشلىگەن» ياكى «خىزمەت قىلغان»غا باراۋەر بولىدۇ، شۇڭا (ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىچە) «تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان»» بولىدۇ.

5:3 «**قولى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى**» ــ «كەلتۈرۈلدى» دېگەن پېئىلنىڭ «مەجھۇل شەكلى» بىزگە بۇ ئىشنى خۇدا ئۆزى قىلغان، دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ. ئەمدى ئۇلار بۇ مۆجىزىنى «شابات كۈنىدە ياراتقانلىقى» ئۈچۈن زادى كىمنى ئەيىبلىمەكچى؟

**5:3** 1پاد. 6:13.

[6] ئەمدى پەرىسىيلەر دەرھال سىرتقا چىقىپ، ئۇنى قانداق
يوقىتىش توغرىسىدا ھېرود پادىشاھنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن
مەسلىھەت قىلىشقا باشلىدى.

## دېڭىز بويىدىكى توپ-توپ ئادەملەر

[7-8] ئاندىن ئەيسا مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە ئۇ يەردىن ئايرىلىپ
دېڭىز بويىغا كەتتى؛ گالىلىيە ئۆلكىسىدىن چوڭ بىر توپ ئادەملەر
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باردى؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى
ئاڭلىغان ھامان، يۇتۇن يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىن، يېرۇسالېم
شەھىرىدىن، ئىدۇمىيا ئۆلكىسىدىن، ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشى
تەرىپىدىن، تۇر ۋە زىدون شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن
زور بىر توپ ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. [9] ئۇ ئادەملەرنىڭ
كۆپلىكىدىن ئۆزىنى قىستاپ قويمىسۇن دەپ مۇخلىسلىرىغا
كىچىك بىر كېمىنىڭ ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇشىنى تاپىلىدى. [10] چۈنكى
ئۇ نۇرغۇن بىمارلارنى ساقايتقىنى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق ۋابا-
كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قولۇمنى
بىر تەگكۈزۈۋالسام دەپ قىستىلىشىپ كېلىشكەنىدى. [11] ناپاك روھلار
چاپلىشۋالغانلار قاچانلا ئۇنى كۆرسە، ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ:
«سەن خۇدانىڭ ئوغلىسەن!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. [12] لېكىن ئۇ ناپاك
روھلارغا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىماسلىققا قاتتىق
تەنبىھ بېرىپ ئاگاھلاندۇراتتى.

---

6:3 **«ھېرود پادىشاھنىڭ تەرەپدارلىرى»** — ھېرود پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. لېكىن بىزگە ئەڭ ھەيران قالارلىقى بەلكىم شۇكى، رەبىمىز تەلىم بېرىشكە باشلىغاندا، بىر-بىرىگە كۈشەندە بولغان ««ھېرود تەرەپدارلىرى» ۋە پەرىسىيلەر ھەمكارلىشىپ، ئەيسانى يوقىتىشقا مەسلىھەتلىشىدۇ («مات.» 16:22نىمۇ كۆرۈڭ). مانا قاراڭغۇلۇقتا تەۋە بولغان كىشىلەر ھامان بىرىنچى بولۇپ نۇر بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ («يۇھ.» 5:1، 19:3).

**6:3** مات. 14:12؛ يـۇھ. 39:10؛ 53:11.

8-7:3 **«ئىدۇمىيا ئۆلكىسى»** — «ئىدۇمىيا» تەۋراتتا «ئېدوم» دېيىلىدۇ.

**8-7:3** مات. 25:4؛ لۇقا 17:6.

## ئەيسانىڭ ئون ئىككى روسۇلنى تاللىشى

مات. 10:1-4؛ لۇقا 6:12-16

[13] ئۇ تاغقا چىقىپ، ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى يېنىغا چاقىردى؛
ئۇلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. [14] ئۇ ئۇلاردىن ئون ئىككىسىنى ئۆزى
بىلەن بىللە بولۇشقا، سۆز-كالامنى جاكارلاشقا، [15] كېسەللەرنى
ساقايتىش ۋە جىنلارنى ھەيدەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقا تاللاپ
بېكىتتى. [16] ئۇ بېكىتكەن ئون ئىككى كىشى: سىمون (ئۇ ئۇنىڭغا
پېترۇس دەپ ئىسىم قويغان)، [17] زەبەدىيىنىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ
ئىنىسى يۇھاننا، (ئۇ ئۇلارنى «بىننى-رەگاز»، يەنى «گۈلدۈرماما
ئوغۇللىرى» دەپمۇ ئاتىغان)، [18] ئاندرىياس، فىلىپ، بارتولوماي،
ماتتا، توماس، ئالفاينىڭ ئوغلى ياقۇپ، تاداي، مىللەتپەرۋەر
دەپ ئاتالغان سىمون [19] ۋە ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدا
ئىشقارىيوتلاردىن ئىبارەت.

---

**13:3** مات. 1:10؛ مار. 7:6؛ لۇقا 13:6؛ 1:9.

**14:3** يۇھ. 24:17

15:3 **«ئۇ ئۇلاردىن ئون ئىككىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشقا... جىنلارنى ھەيدەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقا تاللاپ بېكىتتى»** — (14-15-ئايەت) بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە 14-15-ئايەتتە «ئۇ ئۇلاردىن ئون ئىككىسىنى «روسۇللار» دەپ ئاتاپ، ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشقا، سۆز-كالامنى جاكارلاشقا ۋە جىنلارنى ھەيدەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقا تاللاپ بېكىتتى» دېيىلىدۇ

17:3 **«زەبەدىيىنىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى...»** — ياكى «زەبەدىيىنىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى...». **«ئۇ ئۇلارنى «بىننى-رەگاز»، يەنى «گۈلدۈرماما ئوغۇللىرى» دەپمۇ ئاتىغان»** — مۇشۇ يەردە بىز بۇ ئىسىمنى ئىبرانىي تىلىدىكى ئاھاڭى بويىچە ئالدۇق. «رەگاز» ئىبرانىي تىلىدا ئادەتتە «غەزەپ، قەھر»نى بىلدۈرىدۇ. قارىغاندا ئۇلار ئىككىلىسى ئەسلىدە ئىنتايىن تېرىككەك ئىدى! گرېك تىلىدا تەلەپپۇز «بوئانەرگەس» دەپ ئوقۇلىدۇ.

18:3 **«مىللەتپەرۋەر دەپ ئاتالغان سىمون»** — ياكى «قانانىلىق سىمون». يەھۇدىي «مىللەتپەرۋەرلىرى» ياكى «مىللەتچىلىرى» ۋەتىنىنى رىم ئىمپېرىيەسىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن زوراۋانلىق يولى بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلار ئىدى.

## ئەيسا شەيتاندىن كۈچلۈكتۇر

**مات. 12:22-32؛ لۇقا 11:14-23؛ 12:10**

[20] ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەرگە يەنە شۇنچە نۇرغۇن
ئادەملەر توپلاندىكى، ئۇلارنىڭ ھەتتا غىزالانغۇدەكمۇ ۋاقتى چىقمىدى.
[21] ئەيسانىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە
بېرىشتى. چۈنكى ئۇلار ئۇنى «ئەقلىنى يوقىتىپتۇ» دېگەنىدى.
[22] يېرۇسالېمدىن چۈشكەن تەۋرات ئۇستازلىرى بولسا: «ئۇنىڭدا
بەئەلزىبۇب بار»، ۋە «ئۇ پەقەت جىنلارنىڭ ئەمىرىگە تايىنىپ
جىنلارنى قوغلىۋېتىدىكەن»، دېيىشەتتى.
[23] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەۋرات ئۇستازلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا
تەمسىللەرنى ئىشلىتىپ مۇنداق دېدى:
شەيتان شەيتاننى قانداقمۇ قوغلىسۇن؟ [24] ئەگەر پادىشاھلىق ئۆز
ئىچىدىن بۆلۈنۈپ ئۆزئارا سوقۇشقان بولسا شۇ پادىشاھلىق پۇت تىرەپ
تۇرالمايدۇ؛ [25] شۇنىڭدەك ئەگەر بىر ئائىلە ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ ئۆزئارا
سوقۇشسا شۇ ئائىلە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. [26] ئەگەر شەيتان ئۆز-ئۆزىگە
قارشى چىقىپ بۆلۈنسە، ئۇ پۇت تىرەپ تۇرالماي، يوقالماي قالمايدۇ.
[27] ھېچكىم كۈچتۈڭگۈر بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ مال-
مۈلكىنى بۇلاپ كېتەلمەيدۇ ـ پەقەت ئۇ شۇ كۈچتۈڭگۈرنى ئاۋۋال
باغلىيالىسا ئاندىن ئۆيىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلالايدۇ.

---

**20:3** مار. 31:6.

22:3 **«ئۇنىڭدا بەئەلزىبۇب بار»** ـــ «بەئەلزىبۇب» ياكى «بەئەلزىبۇل» بولسا جىنلارنىڭ ئەمىرى بولغان شەيتاننىڭ باشقا بىر ئىسمىدۇر.

**22:3** مات. 34:9؛ 24:12؛ لۇقا 15:11؛ يۇھ. 48:8.

**23:3** مات. 25:12.

27:3 **«ھېچكىم كۈچتۈڭگۈر بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ كېتەلمەيدۇ ـــ پەقەت ئۇ شۇ كۈچتۈڭگۈرنى ئاۋۋال باغلىيالىسا ئاندىن ئۆيىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلالايدۇ»** ـــ بۇ تەمسىلدىكى «كۈچتۈڭگۈر ئادەم» شەيتاننى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۆيىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچى ئەيسادىن باشقا ھېچكىم بولمايدۇ.

**27:3** مات. 29:12؛ كول. 15:2.

28 شۇنى سىلەرگە بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئىنسان باللىرى
ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى، شۇنداقلا ئۇلار
قىلغان كۇپۇرلۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. 29 بىراق
كىمدىكىم مۇقەددەس روھقا كۇپۇرلۇق قىلسا، ئەبەدىلئەبەدگىچە
ھېچ كەچۈرۈلمەيدۇ، بەلكى مەڭگۈلۈك بىر گۇناھنىڭ ھۆكۈمى
ئاستىدا تۇرىدۇ.
30 ئەيسانىڭ بۇ سۆزى ئۇلارنىڭ «ئۇنىڭغا ناپاك روھ چاپلىشىپتۇ»
دېگىنى ئۈچۈن ئېيتىلغانىدى.

## ئەيسانىڭ ئانىسى ۋە ئىنىلىرى

مات. 12:46-50؛ لۇقا 8:19-21

31 شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئىنىلىرى كەلدى. ئۇلار سىرتىدا
تۇرۇپ، ئۇنى چاقىرىشقا ئادەم كىرگۈزدى. 32 بىر توپ خالايىق ئۇنىڭ
ئەتراپىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار:
مانا، ئانىڭىز، ئىنىلىرىڭىز سىزنى ئىزدەپ سىرتتا تۇرىدۇ، —
دېيىشتى.
33 ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن:
كىم مېنىڭ ئانام، كىم مېنىڭ ئىنىلىرىم؟ — دېدى. 34 ئاندىن، ئۇ

28:3 «ئۇلار قىلغان كۇپۇرلۇقلىرىنىڭ ھەممىسى...» — گرېك تىلىدا «ئۇلار كۇپۇرلۇق بىلەن قىلغان كۇپۇرلۇقلىرىنىڭ ھەممىسى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىبارە ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقلىرى بەلكىم ئىنتايىن ئېغىر بولۇشى مۇمكىن دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

28:3 1سام. 2:25؛ مات. 12:31؛ لۇقا 12:10؛ 1يۇھ. 5:16.

29:3 «مۇقەددەس روھقا قارشى كۇپۇرلۇق قىلىش» — ياكى «مۇقەددەس روھقا قارشى گەپ قىلىش» دېگەن گۇناھ توغرۇلۇق «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

29:3 1يۇھ. 5:16.

31:3 مات. 12:46؛ لۇقا 8:19.

32:3 «مانا، ئانىڭىز، ئىنىلىرىڭىز سىزنى ئىزدەپ سىرتتا تۇرىدۇ» — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ۋە سىڭىللىرىڭىز» دەپ قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. ھېچبولمىغاندا گرېك تىلىدا «ئاكا-ئىنىلەر» دېگەن سۆز بىر قېرىنداش «ئاچا-سىڭىللار»نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئۆپچۆرىسىدە ئولتۇرغانلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:
مانا بۇلار مېنىڭ ئانام ۋە ئىنىلىرىم! [35] چۈنكى كىمكى خۇدانىڭ
ئىرادىسىنى ئادا قىلسا، شۇ مېنىڭ ئاكا-ئىنىم، ئاچا-سىڭلىم ۋە
ئانامدۇر.

## ئۇرۇق چاچقۇچى توغرىسىدىكى تەمسىل

مات. 13:1-9؛ لۇقا 8:4-8

4 [1] ئۇ يەنە دېڭىز بويىدا خەلققە تەلىم بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ
ئەتراپىغا زور بىر توپ ئادەملەر ئولىشىۋالغاچقا، ئۇ بىر كېمىگە
چىقىپ دېڭىزدا ئولتۇردى؛ پۈتكۈل خالايىق بولسا دېڭىز قىرغىقىدا
تۇرۇشاتتى. [2] ئۇ ئۇلارغا تەمسىل بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگەتتى. ئۇ
تەلىم بېرىپ مۇنداق دېدى:
[3] — قۇلاق سېلىڭلار! ئۇرۇق چاچقۇچى ئۇرۇق چاچقىلى ئېتىزغا
چىقىپتۇ. [4] ئۇرۇق چاچقاندا ئۇرۇقلاردىن بەزىلىرى چىغىر يول بويىغا
چۈشۈپتۇ، قۇشلار كېلىپ ئۇلارنى يەپ كېتىپتۇ. [5] بەزىلىرى تۇپرىقى
ئاز تاشلىق يەرگە چۈشۈپتۇ. تۇپىسى چوڭقۇر بولمىغانلىقتىن،
تېزلا ئۈنۈپ چىقىپتۇ، [6] لېكىن كۈن چىقىش بىلەنلا ئاپتاپتا كۆيۈپ،
يىلتىزى بولمىغاچقا قۇرۇپ كېتىپتۇ. [7] بەزىلىرى تىكەنلەرنىڭ
ئارىسىغا چۈشۈپتۇ، تىكەنلەر ئۆسۈپ مايسىلارنى بوغۇۋېلىپ، ئۇلار
ھېچ ھوسۇل بەرمەپتۇ. [8] بەزىلىرى بولسا، ياخشى تۇپراققا چۈشۈپتۇ.
ئۇلار ئۆسۈپ ئاۋۇپ چوڭ بولغاندا ھوسۇل بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
ئوتتۇز ھەسسە، بەزىلىرى ئاتمىش ھەسسە، يەنە بەزىلىرى يۈز
ھەسسە ھوسۇل بېرىپتۇ.
[9] — ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن! — دېدى ئۇ.

**35:3** يۇھ. 14:15؛ 2كور. 16:5، 17.
**1:4** مات. 1:13؛ لۇقا 4:8.

## تەمسىللەرنىڭ مەقستى

مات. 13:10-17؛ لۇقا 8:9-10

[10] ئۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ھەم ئون ئىككىيلەن بىلەن يالغۇز
قالغاندا، ئۇلار ئۇنىڭدىن تەمسىللەر توغرۇلۇق سوراشتى. [11] ئۇ ئۇلارغا
مۇنداق دېدى:
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ سىرىنى بىلىشكە سىلەر نېسىپ
بولدۇڭلار. لېكىن سىرتتىكىلەرگە ھەممە ئىش تەمسىللەر بىلەن ئۇ
قتۇرۇلىدۇ؛ [12] بۇنىڭ بىلەن: «ئۇلار قاراشنى قارايدۇ، بىراق كۆرمەيدۇ؛
ئاڭلاشنى ئاڭلايدۇ، بىراق چۈشەنمەيدۇ؛
شۇنداق بولمىسىدى، ئۇلار يولىدىنياندۇرۇلۇشى بىلەن،
كەچۈرۈم قىلىناتتى» دېگەن سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

## ئۇرۇق چاچقۇچى توغرىسىدىكى تەمسىلنىڭ چۈشەندۇرۇلۇشى

مات. 13:18-23؛ لۇقا 8:11-15

[13] ئاندىن ئۇ ئۇلارغا:
سىلەر مۇشۇ تەمسىلنىمۇ چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟ ئۇنداقتا، قانداقمۇ
باشقا ھەرخىل تەمسىللەرنى چۈشىنەلەيسىلەر؟ ــ دېدى. [14] ئۇرۇق
چاچقۇچى سۆز-كالام چاچىدۇ. [15] ئۇستىگە سۆز-كالام چېچىلغان

---

10:4 **«ئۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ھەم ئون ئىككىيلەن بىلەن يالغۇز قالغاندا، ئۇلار ئۇنىڭدىن تەمسىللەر توغرۇلۇق سوراشتى»** ــ مۇشۇ يەردە «ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر» ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر (ئون ئىككىيلەندىن سىرت)نى كۆرسەتسە كېرەك.

**10:4** مات. 10:13؛ لۇقا 9:8.

11:4 **«لېكىن سىرتتىكىلەرگە ھەممە ئىش تەمسىللەر بىلەن ئۇقتۇرۇلىدۇ»** ــ «سىرتتىكىلەرگە» خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدىن ياكى ئۇنىڭ نىجاتىدىن سىرتتا تۇرغانلار، دېمەك.

**11:4** مات. 11:25؛ 2كور. 2:14؛ 3:14.

12:4 **«ئۇلار قاراشنى قارايدۇ، بىراق كۆرمەيدۇ؛ ئاڭلاشنى ئاڭلايدۇ، بىراق چۈشەنمەيدۇ؛ شۇنداق بولمىسىدى، ئۇلار يولىدىن ياندۇرۇلۇشى بىلەن، كەچۈرۈم قىلىناتتى»** ــ بۇ سۆزلەر «يەش.» 6:9-10دىن ئېلىنغان.

**12:4** يەش. 6:9-10؛ مات. 13:14؛ لۇقا 8:10؛ يـۇھ. 12:40؛ روس. 28:26؛ رىم. 11:8.

**14:4** مات. 13:19؛ لۇقا 8:11.

چىغىر يول بويى شۇنداق ئادەملەرنى كۆرسەتكەنكى، ئۇلار سۆز-
كالامنى ئاڭلىغان هامان شەيتان دەرهال كېلىپ ئۇلارنىڭ قەلبىگە
چېچىلغان سۆز-كالامنى ئېلىپ كېتىدۇ. 16 بۇنىڭغا ئوخشاش،
تاشلىق يەرلەرگە چېچىلغان ئۇرۇقلار بولسا، سۆز-كالامنى ئاڭلىغان
هامان خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ. 17 هالبۇكى،
قەلبىدە هېچ يىلتىز بولمىغاچقا، پەقەت ۋاقىتلىق تۇرىدۇ؛ سۆز-
كالامنىڭ ۋەجىدىن قىيىنچىلىق ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا،
ئۇلار شۇئان يولدىن چەتنەپ كېتىدۇ. 18 تىكەنلەرنىڭ ئارىسىغا
چېچىلغىنى شۇنداق بەزى ئادەملەرنى كۆرسەتكەنكى، بۇ ئادەملەر
سۆز-كالامنى ئاڭلىغىنى بىلەن، 19 لېكىن كۆڭلىگە بۇ دۇنيانىڭ
ئەندىشىلىرى، بايلىقلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ۋە باشقا نەرسىلەرگە
بولغان هەۋەسلەر كىرىۋېلىپ، سۆز-كالامنى بوغۇۋېتىدۇ-دە، ئۇ هېچ
هوسۇل چىقارمايدۇ. 20 لېكىن ياخشى تۇپراققا چېچىلغان ئۇرۇقلار
بولسا ــ سۆز-كالامنى ئاڭلىشى بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلغان ئادەملەرنى
كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر هوسۇل بېرىدۇ، بىرسى ئوتتۇز هەسسە،
بىرسى ئاتمىش هەسسە، يەنە بىرسى يۈز هەسسە هوسۇل بېرىدۇ.

## سېۋەت ئاستىدىكى چىراغ

### لۇقا 8:16-18

21 ئۇ ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى:
چىراغ سېۋەت ياكى كارىۋات ئاستىغا قويۇلۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈلەمدۇ؟
ئۇ چىراغدانىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈلمەمدۇ؟ 22 چۈنكى
يوشۇرۇلغان هېچقانداق ئىش ئاشكارىلانماي قالمايدۇ، شۇنىڭدەك

**19:4** مات. 23:19؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18؛ 1تىم. 9:6.

21:4 **«چىراغ سېۋەت ياكى كارىۋات ئاستىغا قويۇلۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈلەمدۇ؟»** ــ «سېۋەت» گرېك تىلىدا «ئۆلچىگۈچى سېۋەت» دېيىلىدۇ.

**21:4** مات. 15:5؛ لۇقا 16:8؛ 33:11.

ھەرقانداق مەخپىي ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئايان بولماي قالمايدۇ.
[23] ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن!
[24] ئاڭلىغانلىرىڭلارغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار! چۈنكى سىلەر باشقىلارغا
قانداق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىسەڭلار، سىلەرگىمۇ شۇنداق ئۆلچەم
بىلەن ئۆلچەپ بېرىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قوشۇپ بېرىلىدۇ.
[25] چۈنكى كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ؛ ئەمما
كىمدە يوق بولسا، ھەتتا ئۇنىڭدا بار بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مەھرۇم
قىلىنىدۇ.

## ئۈنگەن ئۇرۇق توغرىسىدىكى تەمسىل

[26] ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:
خۇدانىڭ پادىشاھلىقى يەنە بىرسىنىڭ تۇپراققا ئۇرۇق چاچقىنىغا
ئوخشايدۇ: [27] ئۇ ئۇخلايدۇ، ئورنىدىن تۇرىدۇ، كېچە-كۈندۈزلەر
ئۆتۈۋېرىپ، ئۇرۇق بىخ ئۇرۇپ ئۆسىدۇ. لېكىن چاچقۇچى قانداق يول
بىلەن ئۆسىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. [28] تۇپراق ئۆزلۈكىدىن ھوسۇل
بېرىدۇ؛ ئۇرۇق ئاۋۋال بىخ ئۇرىدۇ، كېيىن باش چىقىرىدۇ، ئاخىردا

---

**22:4** ئايۇپ 22:12؛ مات. 26:10؛ لۇقا 17:8؛ 2:12.

**24:4 «سىلەر باشقىلارغا قانداق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىسەڭلار»** — بۇ سۆز كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇشى كېرەك؛ مەسىلەن: (1) ئادەم خۇدانىڭ سۆزىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ ئېتىبار بەرسە، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەقىل بېرىدۇ؛ (2) بىز باشقىلارغا رەھىم-شەپقەت كۆرسەتسەك، خۇدامۇ بىزگە رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىدۇ؛ (3) ((2)-تەرىپىگە يېقىن) بىز باشقىلارنى قايسى ئۆلچەم بىلەن باھالىساق، خۇدا بىزنى باھالىغاندا دەل شۇ ئۆلچەمنى ئىشلىتىدۇ؛ (4) باشقىلارغا قانچىلىك خەير-ساخاۋەت كۆرسەتسەك، خۇدامۇ كېيىن بىزگە شۇنچىلىك ئىلتىپاتنى كۆرسىتىدۇ.

**24:4** مات. 2:7؛ لۇقا 38:6.

**25:4 «چۈنكى كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ؛ ئەمما كىمدە يوق بولسا، ھەتتا ئۇنىڭدا بار بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ»** — «كىمدە بار بولسا...» — بۇ «بار بولسا» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئەبەدىي ئەھمىيەتلىك بىرەر نەرسە بولسا كېرەك، بۇ ئىمان-ئىشەنچنى ئۆز ئىچىگە چوقۇم ئالىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە «ئەبەدىي ئەھمىيەتلىك» ھەرنېمە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى پەقەت مەسىھتىنلا تاپالايمىز.

**25:4** مات. 12:13؛ 29:25؛ لۇقا 18:8؛ 26:19.

باشاقلار تولۇق دان تۈتىدۇ. [29] دان پىشقاندا، چاچقۇچى دەرھال ئورغاق
سالىدۇ، چۈنكى ھوسۇل ۋاقتى كەلگەن بولىدۇ.

## قىچا ئۇرۇقى توغرىسىدىكى تەمسىل

مات. 13:31-32، 34-35؛ لۇقا 13:18-19

[30] ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى نېمىگە ئوخشىتىمىز؟ ياكى قانداق
بىر تەمسىل بىلەن سۈرەتلەپ بېرەلەيمىز؟ [31] ئۇ گويا بىر تال قىچا
ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ يەرگە تېرىلغاندا، گەرچە يەر يۈزىدىكى بارلىق
ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى بولسىمۇ، [32] تېرىلغاندىن كېيىن،
ھەرقانداق زىرائەتتىن ئېگىز ئۆسۈپ شۇنداق چوڭ شاخلايدۇكى،
ئاسماندىكى قۇشلارمۇ ئۇنىڭ سايىسىگە قونىدۇ.
[33] ئۇ شۇنىڭغا ئوخشاش خالايىق ئاڭلاپ چۈشىنەلىگۈدەك نۇرغۇن
تەمسىللەر بىلەن سۆز-كالامنى يەتكۈزدى. [34] لېكىن تەمسىل
كەلتۈرمەي تۇرۇپ ئۇلارغا ھېچقانداق سۆز قىلمايتتى. لېكىن
ئۆز مۇخلىسلىرى بىلەن يالغۇز قالغىنىدا، ئۇلارغا ھەممىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

---

4:29 **«چاچقۇچى دەرھال ئورغاق سالىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا «چاچقۇچى دەرھال ئورغاق ئەۋەتىدۇ».

**4:30** مات. 13:31؛ لۇقا 13:18.

4:31 **«گەرچە يەر يۈزىدىكى بارلىق ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى بولسىمۇ،...»** ــ ياكى «گەرچە تۇپراق ئىچىدىكى بارلىق ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى بولسىمۇ،...».

4:32 **«...ئاسماندىكى قۇشلارمۇ ئۇنىڭ سايىسىگە قونىدۇ»** ــ ياكى «...ئاسماندىكى قۇشلارمۇ ئۇنىڭ سايىسىگە ئۇۋۇلايدۇ». بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قىچا ئوتتۇرا شەرقتە ئۆسىدىغان، ياخشى ئۆسكەندە ھەتتا ئۈچ مېتىردىن ئېشىپ كېتىدىغان، ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ.

**4:33** مات. 13:34.

## ئەيسانىڭ بوراننى تىنچىتىشى

مات. 8:23-27؛ لۇقا 8:22-25

[35] شۇ كۈنى كەچ كىرگەندە، ئۇ ئۇلارغا:
دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتەيلى، — دېدى. [36] خالايىقنى يولغا
سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنى كېمىدە ئولتۇرغان پېتى ئېلىپ
يۈرۈپ كېتىشتى. ئۇلار بىلەن بىللە ماڭغان باشقا كېمىلەرمۇ بار
ئىدى. [37] ۋە مانا، ئەشەددىي قارا قۇيۇن چىقىپ كەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن
دولقۇنلار كېمىنى ئۇرۇپ، سۇ ھالقىپ كىرىپ، كېمىگە توشاي دەپ
قالغانىدى. [38] لېكىن ئۇ كېمىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ياستۇقتا باش قويۇپ
ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇلار ئۇنى ئويغىتىپ:
ئى ئۇستاز، ھالاك بولۇۋاتقىنىمىزغا كارىڭ يوقمۇ؟ — دېدى.
[39] ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بورانغا تەنبىھ بېرىپ، دېڭىزغا: «تىنچلان!
جىم بول!» دېۋىدى، بوران توختاپ، چوڭقۇر بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم
سۈردى.
[40] — نېمىشقا شۇنچە قورقىسىلەر؟ سىلەردە قانداقسىگە تېخىچە
ئىشەنچ بولمايدۇ؟ — دېدى ئۇ ئۇلارغا.
[41] ئۇلارنى ئىنتايىن زور بىر قورقۇنچ باستى، ئۇلار بىر-بىرىگە:
بۇ ئادەم زادى كىمدۇ؟ ھەتتا شامال ۋە دېڭىزمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت
قىلىدىكەن-ھە! — دەپ كېتىشتى.

---

**35:4** مات. 8:23؛ لۇقا 8:22.

**36:4** **«... ئۇنى كېمىدە ئولتۇرغان پېتى ئېلىپ يۈرۈپ كېتىشتى»** — مەنىسى ئاللىقاچان كېمىدە ئولتۇرغانىدى (1-ئايەتتە).
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...ئۇنى شۇ پېتى كېمىسىگە چۈشۈرۈپ، ئېلىپ يۈرۈپ كېتىشتى» — بۇ تەرجىمىدە «شۇ پېتى» بەلكىم مەنىسى «ھېچقانداق تەييارلىقسىز (دېڭىز سەپىرىگە لايىق كىيىم ياكى يېمەك-ئىچمەك ئالمىغان) ھالدا» دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن.

**39:4** ئايۇپ 12:26؛ زەب. 29:107؛ يەش. 10:51.

## كۆپ جىنلار چاپلاشقان «قوشۇن» ئىسملىك ئادەمنىڭ ساقايتىلىشى

مات. 8:28-34؛ لۇقا 8:26-39

5 [1] ئۇلار دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا، گادارالىقلارنىڭ يۇرتىغا يېتىپ
باردى. [2] ئۇ كېمىدىن چۈشۈشى بىلەنلا، ناپاك روھ چاپلاشقان بىر
ئادەم گۆر ئۆڭكۈرلىرىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. [3] ئۇ ئادەم
ئۆڭكۈرلەرنى ماكان قىلغان بولۇپ، ھەتتا ئۇنى ھېچكىم زەنجىرلەر
بىلەنمۇ باغلىيالمايتتى. [4] چۈنكى كۆپ قېتىم پۇت-قوللىرى كىشەن-
زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان بولسىمۇ، ئۇ زەنجىرلەرنى ئۈزۈۋېتىپ،
كىشەنلەرنى چېقىۋەتكەنىدى؛ ھېچكىم ئۇنى بويسۇندۇرالمىغانىدى.
[5] ئۇ كېچە-كۈندۈز مازارلىقتا ۋە تاغلار ئارىسىدا توختاۋسىز ۋارقىراپ-
جارقىراپ يۈرەتتى، ئۆز-ئۆزىنى تاشلار بىلەن كېسىپ يارىلاندۇراتتى.
[6] لېكىن ئۇ ئەيسانى يىراقتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ،
سەجدە قىلدى [7] ۋە قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىراپ:
ھەممىدىن ئالىي خۇدانىڭ ئوغلى ئەيسا، سېنىڭ مېنىڭ بىلەن
نېمە كارىڭ! خۇدا ھەققى، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قىينىما! ــ
دېدى [8] (چۈنكى ئەيسا ئۇنىڭغا: «ھەي ناپاك روھ، ئۇنىڭدىن چىق!»
دېگەنىدى).
[9] ئۇ ئۇنىڭدىن: ئىسمىڭ نېمە؟ ــ دەپ سورىدى.
ئىسمىم «قوشۇن» ــ چۈنكى سانىمىز كۆپ، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

---

1:5 **«گادارا»** ــ بەزى كۆچۈرمىلەردە «گېراسا» ياكى «گەرگەسە» دەپ ئاتىلىدۇ.

1:5 مات. 8:28؛ لۇقا 8:26.

6:5 **«ئۇ ئەيسانى يىراقتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، سەجدە قىلدى»** ــ ياكى «ئۇ ئەيسانى يىراقتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، يەرگە باش قويدى».

7:5 **«سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قىينىما!»** ــ «مېنى قىينىما!» دېگەن سۆز «باش جىن»نىڭ سۆزى بولسا كېرەك. بۇ ئادەمگە نۇرغۇن جىنلار چاپلاشقانىدى.

8:5 **«ئەيسا ئۇنىڭغا: «... ئۇنىڭدىن چىق!» دېگەنىدى»** ــ گرېك تىلىدا «ئەيسا ئۇنىڭغا: «... ئۇنىڭدىن چىق!» بۇيرۇۋاتاتتى» دېيىلىدۇ.

9:5 **«ئىسمىم «قوشۇن»»** ــ «قوشۇن» لاتىن تىلىدا «لېگىئون» دېيىلىدۇ، ئادەتتە ئاز

[10] ۋە ئۇ ئەيسادىن ئۇلارنى بۇ يۇرتتىن ھەيدىۋەتمىگەيسەن، دەپ كۆپ
ئۆتۈنۈپ يالۋۇردى.
[11] تاغ باغرىدا چوڭ بىر توپ توڭگۇز پادىسى ئوتلاپ يۈرەتتى. [12] جىنلار
ئۇنىڭغا:
بىزنى مۇشۇ توڭگۇزلارغا ئەۋەتكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ
كېتىشكە يول قويغايسەن، ــ دەپ يالۋۇرۇشتى.
[13] ئەيسا دەرھال يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن ناپاك روھلار چىقىپ،
توڭگۇزلارنىڭ تېنىگە كىرىشى بىلەنلا، توڭگۇزلار تىك ياردىن
ئېتىلىپ چۈشۈپ، دېڭىزغا غەرق بولدى. ئۇلار ئىككى مىڭغا يېقىن
ئىدى. [14] توڭگۇز باققۇچىلار بولسا ئۇ يەردىن قېچىپ، شەھەر-يېزىلاردا
بۇ ئىشلارنى پۇر قىلدى. شۇ يەردىكىلەر نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى
كۆرگىلى چىقىشتى.
[15] ئۇلار ئەيسانىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئىلگىرى جىنلار چاپلىشىۋالغان
ھېلىقى ئادەمنىڭ كىيىملەرنى كىيىپ، ئەس-ھوشى جايىدا
ئولتۇرغىنىنى ــ يەنى «قوشۇن جىنلار» چاپلاشقان شۇ ئادەمنى كۆرۈپ،
قورقۇپ كېتىشتى. [16] بۇ ۋەقەنى كۆرگەنلەر جىنلار چاپلاشقان ئادەمدە
نېمە يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە توڭگۇزلارنىڭ ئاقىۋىتىنى خەلققە بايان
قىلىپ بەردى.
[17] بۇنىڭ بىلەن خالايىق ئەيساغا: يۇرتلىرىمىزدىن چىقىپ كەتكەيسەن،
دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.
[18] ئۇ كېمىگە چىقىۋاتقاندا، ئىلگىرى جىنلار چاپلاشقان ھېلىقى ئادەم
ئۇنىڭدىن: مەنمۇ سەن بىلەن بىللە باراي، دەپ ئۆتۈندى.
[19] لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ئۇنىماي:

---

دېگەندىمۇ ئالتە مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنى كۆرسىتىدۇ. **«چۈنكى سانىمىز كۆپ»** ــ ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ يەردە ئىككى ئاۋازنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ ــ بىرىنچىسى («ئىسمىم «قوشۇن»»)، بۇ بىچارە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭكى، ئىككىنچىسى («چۈنكى سانىمىز كۆپ»)، مىڭلىغان جىنلارنىڭكى ئىدى.

**18:5** لۇقا 8:38.

ئۆز ئۆيدىكىلىرىڭ ۋە يۇرتداشلىرىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا
پەرۋەردىگارنىڭ ساڭا شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى،
ئۇنىڭ ساڭا رەھىم-شەپقەت كۆرسەتكەنلىكىنى خەۋەرلەندۈرگىن، ــ
دېدى. [20] ئۇ قايتىپ بېرىپ، ئەيسانىڭ ئۆزىگە قانداق ئۇلۇغ ئىشلارنى
قىلغانلىقىنى «ئون شەھەر رايونى»دا جار قىلىشقا باشلىدى. بۇنى
ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ھەيران قېلىشتى.

## ئۇنىڭ يائىرۇسنىڭ قىزىنى تىرىلدۈرۈشى ۋە خۇن كېسىلى باسقان بىر ئايالنى ساقايتىشى

مات. 9:18-26؛ لۇقا 8:40-56

[21] ئەيسا قايتىدىن كېمە بىلەن دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكەندە،
زور بىر توپ خالايىق ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلدى؛ ئۇ دېڭىز بويىدا
تۇراتتى. [22-23] مانا، مەلۇم بىر سىناگوگنىڭ چوڭى يائىرۇس ئىسىملىك
بىر كىشى كەلدى. ئۇ ئۇنى كۆرۈپ ئايىغىغا يىقىلىپ:
كىچىك قىزىم ئۆلەي دەپ قالدى. بېرىپ ئۇنىڭغا قوللىرىڭىزنى
تەگكۈزۈپ قويسىڭىز، ئۇ ساقىيىپ ياشىغاي! ــ دەپ قاتتىق يېلىندى.
[24] ئەيسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى. زور بىر توپ خالايىقمۇ ئۇلىشىپ
قىستاشقان ھالدا كەينىدىن مېڭىشتى. [25] خۇن تەۋرەش كېسىلىگە
گىرىپتار بولغىنىغا ئون ئىككى يىل بولغان بىر ئايال بار بولۇپ، [26] ئۇ
نۇرغۇن تېۋىپلارنىڭ قولىدا كۆپ ئازاب تارتىپ، بار-يوقىنى خەجلەپ
تۈگەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولماي، تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ
كەتكەنىدى. [27] بۇ ئايال ئەيسا ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ،

---

5:19 **«ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ ساڭا شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى... خەۋەرلەندۈرگىن»** ــ ياكى «ئۇلارغا رەبىنىڭ ساڭا شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى... خەۋەرلەندۈرگىن».

5:20 **«ئون شەھەر رايونى»** ــ گرېك تىلىدا «دېكاپولىس».

**5:21** لۇقا 8:40.

**5:22-23** مات. 9:18؛ لۇقا 8:41.

**5:25** لاۋ. 15:25؛ مات. 9:20؛ لۇقا 8:43.

خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قىستىلىپ كېلىپ، ئارقا تەرەپتىن ئۇنىڭ
تونىنى سىلىدى. [28] چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە: «ئۇنىڭ تونىنى سىلىساملا
ساقايماي قالمايمەن» دەپ ئويلىغانىدى. [29] خۇن شۇئان توختاپ، ئايال
كېسەل ئازابىدىن ساقايتىلغانلىقىنى ئۆز تېنىدە سەزدى. [30] ئەيسا
دەرھال ۋۇجۇدىدىن قۇدرەتنىڭ چىققانلىقىنى سېزىپ، خالايىقنىڭ
ئىچىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ:
— كىيىمىمنى سىلىغان كىم؟ — دەپ سورىدى.
[31] مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا:
— خالايىقنىڭ ئۆزۈڭنى قىستاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق،
يەنە: «مېنى سىلىغان كىم؟» دەپ سورايسەنغۇ؟ — دېيىشتى.
[32] بىراق ئەيسا ئۆزىنى سىلىغۇچىنى تېپىش ئۈچۈن تېخىچە ئەتراپىغا
قاراۋاتاتتى. [33] ئۆزىدە نېمە ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن ئايال
قورقۇپ-تىترىگەن ھالدا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلدى ۋە ئۇنىڭغا
ھەقىقىي ئەھۋالنى پۈتۈنلەي ئېيتتى. [34] ئۇ ئۇنىڭغا:
— قىزىم، ئىشەنچىڭ سېنى ساقايتتى! تىنچ-خاتىرجەملىكتە قايت!
كېسەللىكىڭنىڭ ئازابىدىن ساقايغىن، — دېدى.
[35] ئۇ بۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا، سىناگوگنىڭ چوڭىنىڭ ئۆيىدىن بەزىلەر
بەزىلەر كېلىپ ئۇنىڭغا:

---

29:5 **«خۇن شۇئان توختاپ...»** ـــ گرېك تىلىدا «قان ئېقىمى شۇئان توختاپ...».

**30:5** لۇقا 19:6.

32:5 **«ئۆزىنى سىلىغۇچىنى تېپىش ئۈچۈن...»** ـــ گرېك تىلىدا «سىلىغۇچى» ئايالچە رودتا بولۇپ، رەببىمىزنىڭ ئۆزىنى تۇتقان كىشىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

34:5 **«قىزىم، ئىشەنچىڭ سېنى ساقايتتى!»** ـــ «ساقايتتى» مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا «قۇتقۇزدى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **—«تىنچ-خاتىرجەملىكتە قايت!» ـــ** بۇ ئايال نېمىشقا شۇنداق قورقتى (33-ئايەتنى كۆرۈڭ)؟ ئۇنىڭدا خۇن تەۋرەش كېسىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەۋرات قانۇنى بويىچە ئۆزى تەگكەن بارلىق كىشىلەرنى «ناپاك» قىلغان بولىدۇ (مەسىلەن، ئۇلارنى ئىبادەتخانىغا كىرىش، قۇربانلىق قىلىشقا ۋاقىتلىق لاياقەتسىز قىلغان بولاتتى). شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپتىكى خالايىقنىلا ناپاك قىلىپلا قالماي، بەلكى مەسىھنىڭ ئۆزىنىمۇ «ناپاك» قىلغان بولاتتى

**34:5** مات. 22:9؛ مار. 52:10.

قىزىڭىز ئۆلدى. ئەمدى ئۇستازنى نېمىشقا يەنە ئاۋارە قىلىسىز؟! ـ
دېيىشتى.
[36] لېكىن ئەيسا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەرھال سىناگوگنىڭ چوڭىغا:
قورقمىغىن! پەقەت ئىشەنچتە بول! ـ دېدى. [37] ئۇ پەقەت پېترۇس،
ياقۇپ ۋە ياقۇپنىڭ ئىنىسى يۇھاننا بىلەن يولغا چىقتى؛ باشقا
ھېچكىمنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشىغا يول قويمىدى. [38] ئۇ
سىناگوگنىڭ چوڭىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، قىيقاس-چۇقاننى،
خالايىقنىڭ قاتتىق نالە-پەرياد ۋە ئاھ-زار كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ،
[39] ئۆيگە كىرىپ ئۇلارغا:
نېمىشقا قىيقاس-چۇقان ۋە ئاھ-زار كۆتۈرىسىلەر؟ بالا ئۆلمەپتۇ،
ئۇخلاپ قاپتۇ، ـ دېدى. [40] ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى؛ لېكىن ئۇ
ھەممەيلەننى تاشقىرىغا چىقىرىۋېتىپ، بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ۋە
ئۆز ھەمراھلىرىنى ئېلىپ، بالا ياتقان ئۆيگە كىردى. [41] ئۇ بالىنىڭ
قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا: «تالىتا كۇمى» دېدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى
«قىزىم، ساڭا ئېيتىمەنكى، ئورنۇڭدىن تۇر» دېگەنلىك ئىدى. [42] قىز
دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى (ئۇ ئون ئىككى ياشتا ئىدى). ئۇلار بۇ
ئىشقا مۇتلەق ھەيران قېلىشتى. [43] ئۇ ئۇلارغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە
ئېيتماسلىقنى قاتتىق تاپىلىدى، شۇنداقلا قىزغا يېگۈدەك بىرنېمە
بېرىشنى ئېيتتى.

## ناسارەتلىكلەرنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىشى

مات. 13:53-58؛ لۇقا 4:16-30

6 [1] ئۇ ئۇ يەردىن كېتىپ، ئۆز يۇرتىغا كەلدى. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باردى. [2] شابات كۈنى كەلگەندە، ئۇ سىناگوگتا

---

**5:35** لۇقا 8:49.

**5:39** يۇھ. 11:11.

**6:1** مات. 13:53؛ لۇقا 4:16.

تەلىم بېرىشكە كىرىشتى. تەلىمنى ئاڭلىغانلاردىن كۆپ ئادەم
ئىنتايىن ھەيران بولۇشۇپ:
بۇ ئادەم بۇلارغا نەدىن ئېرىشكەندۇ؟ ئۇنىڭغا مۇشۇنداق دانالىق
قانداق بېرىلگەن؟ ئۇنىڭ قولىدا مۇشۇنداق مۆجىزىلەر قانداق
يارىتىلىدىغاندۇ؟ [3] ئۇ ھېلىقى ياغاچچى ئەمەسمۇ، مەريەمنىڭ
ئوغلى، شۇنداقلا ياقۇپ، يوسە، يەھۇدا ۋە سىمونلارنىڭ ئاكىسىغۇ؟
ئۇنىڭ سىڭىللىرىمۇ بۇ يەردە ئارىمىزدا تۇرۇۋاتامدۇ؟ ــ دېيىشتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭغا ھەسەت-بىزارلىق بىلەن قارىدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن ئەيسا ئۇلارغا:
ھەرقانداق پەيغەمبەر باشقا يەرلەردە ھۆرمەتسىز قالمايدۇ، پەقەت
ئۆز يۇرتى، ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارىسىدا ۋە ئۆز ئۆيىدە ھۆرمەتكە
سازاۋەر بولمايدۇ، ــ دېدى.
[5] شۇنىڭ بىلەن قوللىرىنى بىرقانچە بىمارنىڭ ئۈستىگە تەگكۈزۈپ،
ئۇلارنى ساقايتقاندىن باشقا، شۇ يەردە ئۇ ھېچقانداق مۆجىزە
يارىتالمىدى. [6] ۋە ئۇ ئۇلارنىڭ ئىمان-ئىشەنچسىزلىكىدىن ھەيران قالدى.

## ئەيسانىڭ ئون ئىككى روسۇلنى ئەۋەتىشى

مات. 1:10، 5-15؛ لۇقا 1:9-6

[7] ئاندىن ئۇ ئەتراپتىكى يېزا-كەنتلەرنى ئايلىنىپ تەلىم بەردى.
ئۇ ئون ئىككىيلەننى يېنىغا چاقىردى ۋە خەلق ئارىسىغا ئىككى-
ئىككىدىن ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئۇ ئۇلارغا ناپاك روھلارنى ھەيدەش

---

3:6 **«ئۇ ھېلىقى ياغاچچى ئەمەسمۇ، مەريەمنىڭ ئوغلى...»** ــ يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئادەملەر ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇلۇشى كېرەك ئىدى. يالغۇز ئانىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئۆزى بىرخىل ھاقارەت ئىدى.

**3:6** يۇھ. 42:6.

**4:6** مات. 57:13؛ لۇقا 24:4؛ يۇھ. 44:4.

**5:6** مات. 58:13.

**6:6** مات. 35:9؛ لۇقا 22:13.

هوقۇقىنى بەردى؛ 8 ۋە ئۇلارغا: ــ سەپەردە يېنىڭلارغا هاسىدىن باشقا
نەرسە ئېلىۋالماڭلار، نە خۇرجۇن نە نان ئېلىۋالماڭلار، بەلۋاغقا پۇلمۇ
سالماڭلار، 9 پۇتۇڭلارغا كەشلەرنى كىيىڭلار، بىراق ئىككى يەكتەك
كىيىۋالماڭلار، ــ دەپ تاپىلىدى. 10 ئۇ يەنە:
بىر يۇرتقا بارغىنىڭلاردا، كىمنىڭ ئۆيىگە قوبۇل قىلىنىپ كىرسەڭلار،
ئۇ يۇرتتىن كەتكۈچە شۇ ئۆيدىلا تۇرۇڭلار. 11 قايسى يەردىكىلەر
سىلەرنى قوبۇل قىلمىسا، شۇنداقلا سۆزۈڭلارنى ئاڭلىمىسا، ئۇ يەردىن
كەتكىنىڭلاردا، ئۇلارغا ئاگاھ-گۇۋاھ بولسۇن ئۈچۈن ئايىغىڭلاردىكى
توپىنى قېقىۋېتىڭلار! ــ دېدى.
12 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولغا چىقىپ، كىشىلەرنى گۇناھلىرىغا توۋا

---

**7:6 «ناپاك روھلار»** ــ جىنلارنى كۆرسىتىدۇ.

**7:6** مات. 1:10؛ لۇقا 13:6؛ 1:9.

**8:6 «خۇرجۇن»** ــ ياكى «تىلەمچىنىڭ خالتىسى».

**9:6 «ئەيسا ئۇلارغا: ــ سەپەردە يېنىڭلارغا هاسىدىن باشقا نەرسە ئېلىۋالماڭلار، نە خۇرجۇن نە نان ئېلىۋالماڭلار، بەلۋاغقا پۇلمۇ سالماڭلار، پۇتۇڭلارغا كەشلەرنى كىيىڭلار، بىراق ئىككى يەكتەك كىيىۋالماڭلار، ــ دەپ تاپىلىدى»** ــ (9-10-ئايەت) قىزىقارلىق يېرى شۇكى، «ماتتا» ۋە «لۇقا»دا خاتىرىلەنگەن بايانلار بويىچە رەببىمىز ئۇلارغا هاسا ئېلىۋېلىش ۋە كەش كىيىشنىمۇ مەنئى قىلغان. پىكرىمىز تېخى مۇقىملاشمىغىنى بىلەن ئويلايمىزكى، «ماتتا» بىلەن «لۇقا» ۋە «ماركۇس»تا بەلكىم ئىككى ئايرىم ۋاقىت-ئەھۋال كۆرسىتىلىدۇ.

**9:6** روس. 8:12.

**10:6 «كىمنىڭ ئۆيىگە قوبۇل قىلىنىپ كىرسەڭلار، ئۇ يۇرتتىن كەتكۈچە شۇ ئۆيدىلا تۇرۇڭلار»** ــ بۇ ئەمردە چوڭ دانالىق بار. ئىككى سەۋەبتىن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن: ــ (1) كونا زامانلاردا كۆپ دىنىي ۋەز ئېيتقۇچىلار ئۆيمۇ-ئۆي يوقلاپ پۇل تىلەيتتى؛ لېكىن ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى هېچ تىلەمچىلىك قىلماسلىقى كېرەك؛ (2) ئۇلار ئۆيمۇ-ئۆي كۆچۈپ يۈرسە، خەلقتە هەرتۈرلۈك هەسەت-گۇمان پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ــ «نېمىشقا ئۇلار **بىزنىڭ** ئۆيدە قونمايدۇ؟» ياكى «نېمىشقا ئۇلار بىزنىڭ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىدۇ؟» دېگەندەك.

**11:6 «ئۇ يەردىن كەتكىنىڭلاردا، ئۇلارغا ئاگاھ-گۇۋاھ بولسۇن ئۈچۈن ئايىغىڭلاردىكى توپىنى قېقىۋېتىڭلار!»** ــ «ئاياغدىكى توپىنى قېقىۋېتىش» دېگەن بۇ ئىشارەت «بىزنىڭ سىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىمىز يوق»، دېگەننى بىلدۈرۈپ، خۇدانىڭ سۆزىنى رەت قىلغانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى.

**11:6** مات. 14:10، 15؛ لۇقا 5:9؛ 12:10؛ روس. 51:13؛ 6:18

قىلىشقا جار سېلىپ ئۈندىدى. [13] ئۇلار نۇرغۇن جىنلارنى ھەيدىدى،
نۇرغۇن بىمارلارنى زەيتۇن مېيى بىلەن مەسىھ قىلىپ ساقايتتى.

## چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ ئۆلۈمى

مات. 14:1-12؛ لۇقا 9:7-9

[14] ئۇنىڭ نامى مەشھۇر بولغاچقا، ھېرود پادىشاھ ئۇنىڭ ھەققىدە
ئاڭلاپ: «بۇ ئادەم چوقۇم ئۆلۈمدىن تىرىلگەن چۆمۈلدۈرگۈچى
يەھيادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆشۇ ئالاھىدە قۇدرەتلەر ئۇنىڭدا كۆچىنى
كۆرسىتىدۇ» دەيتتى. [15] باشقىلار: «ئۇ ئىلياس پەيغەمبەر» دېسە، يەنە
بەزىلەر: «بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردەك بىر پەيغەمبەر بولسا كېرەك»
دېيىشەتتى.
[16] بىراق بۇلارنى ئاڭلىغان ھېرود:
مەن كاللىسىنى ئالغان يەھيانىڭ ئۆزى شۇ ــ ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلىپتۇ!
ــ دېدى.
[17-18] ھېرودنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئۆگەي ئاكىسى
فىلىپنىڭ ئايالى ھېرودىيەنىڭ ۋەجىدىن ئادەم ئەۋەتىپ يەھيانى
تۇتۇپ، زىندانغا تاشلىغانىدى. چۈنكى ئۇ شۇ ئايال بىلەن
نىكاھلانغانىدى؛ يەھيا ھېرودقا تەنبىھ بېرىپ: «ئاكاڭنىڭ ئايالىنى

---

13:6 **«ئۇلار ... نۇرغۇن بىمارلارنى زەيتۇن مېيى بىلەن مەسىھ قىلىپ ساقايتتى»** ــ «مەسىھ قىلىش» مۇشۇ يەردە ئادەمنىڭ بېشىغا زەيتۇن مېينى سۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**13:6** ياق. 14:5.

14:6 **«ئۇنىڭ نامى مەشھۇر بولغاچقا، ھېرود پادىشاھ ئۇنىڭ ھەققىدە ئاڭلاپ...»** ــ «ھېرود»لار توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. **«... ئۇنىڭ ھەققىدە ئاڭلاپ: «بۇ ئادەم ... چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيادۇر...» دەيتتى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... ئۇنىڭ ھەققىدە ئاڭلاپ قالدى. بەزىلەر: «بۇ ئادەم ... چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيادۇر...» ــ دېيىشەتتى».

**14:6** مات. 14:1؛ لۇقا 7:9.

**تارتىۋېلىشىڭ تەۋرات قانۇنىغا خىلاپ» دەپ قايتا-قايتا دېگەنىدى.**
**[19] شۇنىڭ ئۈچۈن ھېرودىيە يەھياغا ئاداۋەت ساقلايتتى؛ ئۇنى**
**ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق قىلالمايتتى. [20] چۈنكى**
**ھېرود يەھيانى دىيانەتلىك ۋە مۇقەددەس ئادەم دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن**
**قورقاتتى، شۇڭلاشقا ئۇنى قوغدايتتى؛ ئۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان**
**چاغلىرىدا ئالاقزادە بولۇپ كېتەتتى، لېكىن يەنىلا سۆزلىرىنى**
**ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى.**
**[21] ئەمما ھېرودىيە كۈتكەن پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى؛ ھېرود تۇغۇلغان**
**كۈنىدە ئۆز ئەمەلدارلىرى، مىڭبېشىلىرى ۋە گالىلىيە ئۆلكىسىدىكى**
**كاتتا ئەربابلارنى زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالدى؛ [22] ھېلىقى ھېرودىيەنىڭ**
**قىزى سورۇنغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ بەردى. بۇ ھېرود ۋە**
**ھەمداستىخان بولغانلارغا بەكمۇ ياراپ كەتتى. پادىشاھ قىزغا: ــ**
**مەندىن نېمە تەلەپ قىلساڭ، شۇنى بېرىمەن، ــ دېدى. [23] ئاندىن ئۇ**

---

18-17:6 **«چۈنكى ئۇ شۇ ئايال بىلەن نىكاھلانغانىدى؛ يەھيا ھېرودقا تەنبىھ بېرىپ: «ئاكاڭنىڭ ئايالىنى تارتىۋېلىشىڭ تەۋرات قانۇنىغا خىلاپ» دەپ قايتا-قايتا دېگەنىدى»** ــ ھېرود ئۆگەي ئاكىسى فىلىپنىڭ ئايالى ھېرودىيەنى فىلىپتىن تارتىۋېلىپ ئاندىن ئۇنى ئاجرىشىشقا قايىل قىلىپ، ھېرودىيە بىلەن ئۆزى توي قىلغانىدى. يەھيانى تۇتۇش «ھېرودىيەنىڭ ۋەجىدىن» ــ بەلكىم ئۇنىڭ بىۋاستە تەلىپىدىن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. **«ئاكاڭنىڭ ئايالىنى تارتىۋېلىشىڭ تەۋرات قانۇنىغا خىلاپ»** ــ تەۋراتتىكى «لاۋ.» 18:16، 21:20دە، بىرسىنىڭ ئاكا ياكى ئۇكىسى ھايات ئەھۋالدا، بىرىنىڭ ئايالىنى يەنە بىرى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

**18-17:6** مات. 3:14؛ لۇقا 19:3؛ 9:9؛ لاۋ. 16:18؛ 21:20.

20:6 **«ھېرود يەھيانى دىيانەتلىك ۋە مۇقەددەس ئادەم دەپ بىلىپ...»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، تەۋرات ۋە ئىنجىلدا «مۇقەددەس» دېگەننىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ» ئەمەس، بەلكى «پاك»، «خۇداغا ئاتالغان»دۇر. **«ئۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ئالاقزادە بولۇپ كېتەتتى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە بۇنىڭ ئورنىدا: «ئۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالاتتى» ياكى «ئۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆپ ئىشلارنى قىلاتتى» دېيىلىدۇ.

**20:6** مات. 5:14؛ 26:21.

**21:6** يار. 20:40؛ مات. 6:14.

22:6 **«ھېرودىيەنىڭ قىزى»** ــ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان قىزى. بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «... ئۇنىڭ قىزى ھېرودىيە» دېيىلىدۇ. ئۇنداق تەرجىمە توغرا بولسا، ھېرودىيەنىڭ قىزىنىڭ ئىسمىنىڭ

قەسەم قىلىپ يەنە:
مەندىن نېمە تەلەپ قىلساڭ، ھەتتا پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى
دېسەڭمۇ شۇنى بېرىمەن، ــ دېدى.
[24] قىز سىرتقا چىقىپ، ئانىسىدىن:
نېمە تەلەپ قىلاي؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: ــ چۆمۈلدۈرگۈچى
يەھيانىڭ كاللىسىنى تەلەپ قىل، ــ دېدى.
[25] قىز دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ كىرىپ:
چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ كاللىسىنى ھازىرلا بىر تەخسىگە قويۇپ
ئەكىلىشلىرىنى خالايمەن، ــ دېدى.
[26] پادىشاھ بۇنىڭغا ناھايىتى ھەسرەت چەككەن بولسىمۇ، قەسەملىرى
تۈپەيلىدىن ۋە داستىخاندا ئولتۇرغانلار ۋەجىدىن، ئۇنىڭغا بەرگەن
سۆزىدىن يانغۇسى كەلمىدى. [27] شۇڭا پادىشاھ دەرھال بىر جاللات
ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىشنى ئەمر قىلدى. جاللات
زىندانغا بېرىپ يەھيانىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، [28] ئۇنى بىر تەخسىگە
قويۇپ، قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. قىز ئۇنى
ئانىسىغا تاپشۇردى. [29] بۇ ئىشنى ئاڭلىغان يەھيانىڭ مۇخلىسلىرى
كېلىپ، جەسەتنى ئېلىپ كېتىپ بىر قەبرىگە قويدى.

## ئەيسانىڭ بەش مىڭ كىشىنى ئوزۇقلاندۇرۇشى

مات. 14:13-21؛ لۇقا 9:10-17؛ يـۇھ. 6:1-14

[30] قايتىپ كەلگەن روسۇللار ئەيسانىڭ يېنىغا يىغىلدى، نېمە
قىلغانلىرى ھەم نېمە تەلىم بەرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا مەلۇم

---

ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش بولۇشى ئاجايىپ ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

**23:6** ھاك. 30:11.

**27:6** «**...پادىشاھ دەرھال بىر جاللات ئەۋەتىپ...**» ــ ياكى «...پادىشاھ دەرھال بىر قاراۋۇل ئەۋەتىپ...».

**27:6** مات. 10:14.

قىلىشتى. 31 كېلىپ-كېتىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپلىكىدىن ئۇلارغا
تاماقلىنىشقىمۇ ۋاقىت چىقمىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارغا:
يۇرۇڭلار، مەن بىلەن خىلۋەت بىر جايغا بېرىپ، بىردەم ئارام ئېلىڭلار،
— دېدى. 32 بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېمىگە چۈشۈپ، خىلۋەت بىر چۆل يەرگە
قاراپ ماڭدى. 33 بىراق نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى
بايقاپ، ئۇلارنى تونۇۋېلىشۇپ، ئەتراپتىكى بارلىق شەھەرلەردىن
پىيادە يولغا چىقىپ، يۈگۈرۈپ، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۇ يەرگە بېرىپ
يىغىلىشتى. 34 ئەيسا كېمىدىن چۈشۈپ، زور بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ،
ئۇلارنىڭ پادىچىسىز قوي پادىسىدەك بولغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتتى.
شۇڭا ئۇ ئۇلارغا كۆپ ئىشلارنى ئۆگىتىشكە باشلىدى.
35 كەچ كىرىپ قالغاندا، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:
بۇ چۆل بىر جاي ئىكەن، كەچ كىرىپ كەتتى. 36 خالايىقنى يولغا
سېلىۋەتكەن بولساڭ، ئۇلار ئەتراپتىكى كەنت-قىشلاقلارغا بېرىپ،
ئۆزلىرىگە نان سېتىۋالسۇن؛ چۈنكى ئۇلاردا يېگۈدەك نەرسە يوق، —
دېدى.
37 لېكىن ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن:
ئۇلارغا ئۆزۈڭلار ئوزۇق بېرىڭلار، — دېدى.
مۇخلىسلار ئۇنىڭدىن:
ئىككى يۈز كۈمۈش دىنارغا ئۇلارغا نان ئەكېلىپ ئۇلارنى
ئوزۇقلاندۇرامدۇق؟ — دەپ سورىدى.
38 ئەيسا ئۇلارغا: — قانچە نېنىڭلار بار؟ بېرىپ قاراپ بېقىڭلار، — دېدى.
ئۇلار قاراپ باققاندىن كېيىن:

**30:6** لۇقا 10:9.

**31:6** مار. 20:3.

**32:6** مات. 13:14؛ لۇقا 10:9؛ يۇھ. 1:6.

**34:6** يەر. 1:23؛ ئەز. 2:34؛ مات. 36:9؛ 4:14؛ لۇقا 11:9.

**35:6** مات. 15:14؛ لۇقا 12:9؛ يۇھ. 5:6.

37:6 **«ئىككى يۈز كۈمۈش دىنار»** — بىر كۈمۈش دىنار (گرېك تىلىدا «دىنارىئۇس») بىر ئىشچىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى ئىدى («مات.» 2:20نى كۆرۈڭ).

بەشى بار ئىكەن، يەنە ئىككى بېلىقمۇ بار ئىكەن، ــ دېيىشتى.
[39] ئۇ ئۇلارغا كىشىلەرنى توپ-توپ قىلىپ يېشىل چىمەندە
ئولتۇرغۇزۇشنى بۇيرۇدى. [40] خالايىق يۈزدىن، ئەللىكتىن سەپ-سەپ
بولۇپ ئولتۇرۇشتى. [41] ئۇ بەش نان بىلەن ئىككى بېلىقنى قولىغا
ئېلىپ، ئاسمانغا قاراپ خۇداغا تەشەككۇر-مەدھىيە ئېيتتى، ئاندىن
نانلارنى ئوشتۇپ، كۆپچىلىككە تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن مۇخلىسلىرىغا
بېرىپ تۇراتتى؛ ئىككى بېلىقنىمۇ ھەممەيلەنگە تارقىتىپ بەردى.
[42] ھەممەيلەن يەپ تويۇندى. [43] مۇخلىسلار ئېشىپ قالغان نان ۋە بېلىق
پارچىلىرىنى لىق ئون ئىككى سېۋەتكە تېرىۋالدى. [44] نانلارنى يېگەن
ئەرلەرنىڭ سانىلا بەش مىڭچە ئىدى.

## ئەيسانىڭ سۇ ئۈستىدە مېڭىشى

مات. 14:22-33؛ يۇھ. 6:16-21

[45] بۇ ئىشتىن كېيىنلا، ئۇ مۇخلىسلىرىنى كېمىگە ئولتۇرغۇزۇپ:
ئۆزۈم بۇ خالايىقنى يولغا سېلىۋېتىمەن، سىلەر ئاڭغىچە دېڭىزنىڭ
قارشى قىرغىقىدىكى بەيت-سائىدا يېزىسىغا ئۆتۈپ تۇرۇڭلار، دەپ
بۇيرۇدى. [46] ئۇلارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ دۇئا-تىلاۋەت
قىلىش ئۈچۈن تاغقا چىقتى. [47] كەچ كىرگەندە، كېمە دېڭىزنىڭ

**38:6** مات. 17:14؛ لۇقا 13:9؛ يۇھ. 9:6.
**40:6** **«خالايىق يۈزدىن، ئەللىكتىن سەپ-سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى»** ــ گرېك تىلىدا «خالايىق يۈزدىن، ئەللىكتىن سەپ-سەپ بولۇپ يېتىشتى».
**41:6** 1سام. 13:9؛ يۇھ. 17:1.
**43:6** **«مۇخلىسلار ... تېرىۋالدى»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇلار ... تېرىۋالدى». «ئۇلار»نىڭ مۇخلىسلار ئىكەنلىكى «مات.» 16:9-10دە ئىسپاتلىنىدۇ. **«ئون ئىككى سېۋەت»** ــ گرېك تىلىدا «ئون ئىككى قول سېۋەت» ــ دېمەك، بىر ئادەم ئىككى قوللاپ كۆتۈرەلەيدىغان سېۋەتلەر.
**45:6** **«بەيت-سائىدا يېزىسىغا ئۆتۈپ...»** ــ ياكى «بەيت-سائىدا يېزىسىدىن ئۆتۈپ...».
**45:6** مات. 22:14؛ يۇھ. 17:6.
**46:6** مات. 23:14؛ لۇقا 12:6.

ئوتتۇرىسىغا يەتكەندى، ئۇ ئۆزى يالغۇز قۇرۇقلۇقتا ئىدى. [48] ئۇ مۇخلىسلىرىنىڭ پالاقنى كۈچەپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى؛ چۈنكى شامال تەتۈر يۆنىلىشتە چىققانىدى. كېچە تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدا، ئۇ دېڭىزنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ، مۇخلىسلىرى تەرەپكە كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. [49] لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ دېڭىزنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالۋاستى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ چۇقان سېلىشتى. [50] چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشتى.

لېكىن ئۇ دەرھال ئۇلارغا:

يۈرەكلىك بولۇڭلار، بۇ مەن، قورقماڭلار! ــ دېدى.

[51] ئۇ كېمىگە، ئۇلارنىڭ يېنىغا چىققاندىلا، شامال توختىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ھوشىدىن كەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ھەيران قېلىشىپ، نېمىنى ئويلاشنى بىلمەيتتى؛ [52] چۈنكى ئۇلار نان بېرىش مۆجىزىسىنى تېخىچە چۈشەنمىگەنىدى، ئۇلارنىڭ قەلبى بىخۇد ھالەتتە تۇراتتى.

[53] ئۇلار دېڭىزنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ، گېننىسارەت دېگەن يۇرتتا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، كېمىنى باغلاپ قويدى. [54] ئۇلار كېمىدىن چۈشۈشى بىلەنلا، خالايىق ئۇنى دەرھال تونۇۋېلىپ، [55] ئەتراپتىكى ھەممە جايلارغا يۈگۈرۈشۈپ باردى ۋە «ئۇ پالانچى يەرگە چۈشۈپتۇ» دەپ ئاڭلىشى بىلەنلا، بىمارلارنى زەمبىلگە سېلىپ، شۇ يەرگە ئۇنىڭ

---

**47:6** مات. 23:14؛ يۇھ. 16:6.

**48:6** **«كېچە تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدا، ئۇ دېڭىزنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ...»** ــ بىر كېچە تۆت جېسەككە بۆلۈنەتتى؛ شۇڭا بۇ ۋاقىت تاڭ ئاتاي دېگەن ۋاقىت ئىدى. **«ئۇ ... ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى»** ــ ياكى «ئۇ ... ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى».

—بۇ ئىنتايىن قىزىق ئىش. مۇمكىنچىلىكى باركى، (1) ئەيسانىڭ «ئۆتۈپ كېتىش»ى ــ مۇخلىسلارغا پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن «ئۇلارنىڭ (ئىسرائىللارنىڭ) يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىش»نى ئەسلەتمەكچى، ياكى (2) ئۇ ئۇلارنىڭ **ئۆزلىكىدىن** ئۆزىنى كېمىگە چىقىپ ھەمراھ بولۇشقا تەكلىپ قىلىشىنى خالايتتى.

**53:6** مات. 3:14.

ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى.
[56] ئۇ مەيلى يېزا، مەيلى شەھەر ياكى قىشلاقلارغا بارسۇن، خەلق
ئاغرىقلارنى بازارلارغا ئېلىپ چىقىپ ياتقۇزاتتى؛ ئۇلار ئۇنىڭدىن
ئاغرىقلار ھېچ بولمىغاندا سېنىڭ يېپىنچاڭنىڭ پېشىگە
بولسىمۇ قولىنى تەگكۈزۈۋالساق دەپ ئۆتۈنىدى. ئۇنىڭغا قولىنى
تەگكۈزگەنلەرنىڭ ھەممىسى ساقايدى.

## ئىنساننى نېمە ناپاك قىلىدۇ؟

مات. 15:1-20

7 [1] بۇ چاغدا، پەرىسىيلەر ۋە تەۋرات ئۇستازلىرىدىن بەزىلىرى
يېرۇسالېمدىن كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىلدى؛ [2-5] شۇ پەرىسىيلەر
ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ
تاماقنى قولىنى يۇماي، يەنى «ناپاك» ھالدا يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
ئۇنىڭدىن:
مۇخلىسلىرىڭ نېمىشقا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىلىرىگە
رىئايە قىلماي، بەلكى يۇيۇلمىغان قوللىرى بىلەن تاماق يەيدۇ؟ ــ دەپ
سوراشتى (چۈنكى پەرىسىيلەر ۋە پۈتۈن يەھۇدىيلار ئاتا-بوۋىلىرى
تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان ئەنئەنىنى چىڭ تۇتقاچقا، ئاۋۋال قوللىرىنى
ئەستايىدىللىق بىلەن يۇمىسا، تاماق يېمەيدۇ. شۇنىڭدەك بازاردىن
قايتىپ كەلگەندىمۇ، ئۇلار قول يۇماي بىرنەرسە يېمەيدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا، پىيالە-قەدەھ، داس-چۆگۈن ۋە مىس قاچىلار ۋە دىۋانلارنى
يۇيۇش توغرىسىدا تاپشۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىلەردىمۇ چىڭ
تۇرىدۇ).
[6] ئۇ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

---

**1:7** مات. 1:15.

5-2:7 **«ئەستايىدىللىق بىلەن يۇمىسا...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «بېغىشىغىچە
يۇمىسا...» ياكى «مۇشت بىلەن يۇمىسا...».

يەشايا پەيغەمبەر سىلەر ساختىپەزلەر توغراڭلاردا ئالدىنئالا توپتوغرا
بېشارەت بەرگەن! ئۇنىڭ يازمىسىدا پۈتۈلگەندەك: ــ
«مۇشۇ خەلق ئاغزىدا مېنى ھۆرمەتلىگىنى بىلەن،
بىراق قەلبى مەندىن يىراق؛
[7] ئۇلار ماڭا بىھۇدە ئىبادەت قىلىدۇ؛
ئۇلارنىڭ ئۆگەتكەن تەلىملىرى پەقەت ئىنسانلاردىن چىققان
پەتىۋالارلا، خالاس».
[8] چۈنكى سىلەر خۇدانىڭ ئەمرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئىنسانلارنىڭ
ئەنئەنىسىنى چىڭ تۇتۇۋالدىكەنسىلەر ــ داس-چۆگۈن، پىيالە-
قەدەھلەرنى يۇيۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغان باشقا
ئىشلارنى ئەنئەنە قىلىپ يۈرىسىلەر.
[9] ئۇ ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى:
سىلەر ئۆزلىرىڭلارنىڭ ئەنئەنىسىنى چىڭ تۇتىمىز دەپ خۇدانىڭ
ئەمرىنى ئەپچىللىك بىلەن بىر چەتكە قايرىپ قويدۇڭلار! [10] چۈنكى
مۇسا پەيغەمبەر: «ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىل» ۋە «ئاتىسى ياكى
ئانىسىنى ھاقارەتلىگەنلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن» دەپ ئەمر
قىلغان. [11] لېكىن سىلەر: ــ بىرسى «ئاتىسى ياكى ئانىسىغا: ــ مەن
سىلەرگە ياردەم بەرگۈدەك نەرسىلەرنى ئاللىقاچان «قۇربان قىلىپ»

**6:7** يەش. 13:29؛ ئەز. 31:33.

7:7 **«مۇشۇ خەلق ئاغزىدا مېنى ھۆرمەتلىگىنى بىلەن، بىراق قەلبى مەندىن يىراق؛ ئۇلار ماڭا بىھۇدە ئىبادەت قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆگەتكەن تەلىملىرى پەقەت ئىنسانلاردىن چىققان پەتىۋالارلا، خالاس»** ــ «يەش.» 13:29.

**7:7** مات. 9:15؛ كول. 18:2، 20؛ تىت. 14:1.

8:7 **«چۈنكى سىلەر خۇدانىڭ ئەمرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەنئەنىسىنى چىڭ تۇتۇۋالدىكەنسىلەر ـــ داس-چۆگۈن، پىيالە-قەدەھلەرنى يۇيۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغان باشقا ئىشلارنى ئەنئەنە قىلىپ يۈرىسىلەر»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «داس-چۆگۈن، پىيالە-قەدەھلەرنى يۇيۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغان باشقا ئىشلارنى ئەنئەنە قىلىپ يۈرىسىلەر» دېگەن سۆزلەر تېپىلمايدۇ.

**10:7** مىس. 12:20؛ 17:21؛ لاۋ. 9:20؛ قان. 16:5؛ 16:27؛ پەند. 20:20؛ ئەف. 2:6.

خۇداغا ئاتىۋەتتىم ــ دېسىلا، [12] شۇ كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئۆگىتىسىلەر. [13] شۇنداق
قىلىپ، سىلەر ئەۋلادلىرىڭلارغا تاپشۇرغان ئەنئەنىڭلەرنى دەپ
خۇدانىڭ ئەمرىنى يوققا چىقىرىۋەتتىڭلار، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
كۆپ ئىشلارنى قىلىسىلەر.

## ئىنساننى نېمە ناپاك قىلىدۇ؟

[14] ئاندىن خالايىقنى يەنە يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا:
ھەممىڭلار ماڭا قۇلاق سېلىڭلار ۋە شۇنى چۈشىنىڭلاركى،
[15] ئىنساننىڭ سىرتىدىن ئىچىگە كىرىدىغان نەرسىلەرنىڭ
ھېچقاندىقى ئۇنى ناپاك قىلمايدۇ، بەلكى ئۆز ئىچىدىن چىقىدىغان
نەرسىلەر بولسا، ئۇلار ئىنساننى ناپاك قىلىدۇ. [16] ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى
بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن! ــ دېدى.
[17] ئۇ خالايىقتىن ئايرىلىپ ئۆيگە كىرگەندە، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭدىن

---

**11:7 «مەن سىلەرگە ياردەم بەرگۈدەك نەرسىلەرنى ئالللاقاچان «قۇربان قىلىپ» خۇداغا ئاتىۋەتتىم»** ــ «قۇربان» مۇشۇ يەردە بىۋاستە ئىبارىنىي تىلدىن ئېلىنغان بولۇپ، «سەدىقە قىلىنغان» ياكى «خۇداغا ئاتاپ قىلىنغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**13:7 «شۇنداق قىلىپ، سىلەر ئەۋلادلىرىڭلارغا تاپشۇرغان ئەنئەنىڭلەرنى دەپ خۇدانىڭ ئەمرىنى يوققا چىقىرىۋەتتىڭلار»** ــ مەسىھنىڭ سۆزىگە قارىغاندا «خۇداغا ئاتىغان تەئەللۇقاتلار» تېخى ئاتىغۇچى كىشىنىڭ قولىدا تۇرغاندا، ئۇلاردىن پايدىلىنىۋەرسە بولاتتى. شۇ كىشى بەلكىم تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن «دۇنيادىن كەتكىنىمدىن كېيىن...» ياكى «مەلۇم بىر مەزگىلدىن كېيىن...» «ئىبادەتخانىغا تاپشۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلغان بولسا كېرەك. يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن مىساللار تېپىلىدۇ.
—پەرىيسىلەر ئۆگەتكەن شۇ ھىيلە-مىكىر: «مال-مۈلكۈڭنى خۇداغا ئاتالغان («قۇربان قىلغان») قىلغان بولساڭ، ئاتا-ئاناڭدىن خەۋەر ئالمىساڭ بولىدۇ» ئەمەس، بەلكى «(شۇنداق قىلغان بولساڭ) **خەۋەر ئېلىشىڭغا بولمايدۇ**» دېگەندەك. ئۇلار شۈبھىسىزكى ئاخىرىدا بۇ ئىشتىن مەلۇم بىر پايدا كۆرىدۇ، ئەلۋەتتە.

**13:7** مات. 6:15؛ 1تىم. 3:4؛ 2تىم. 2:3.

**14:7** مات. 10:15.

**15:7** روس. 15:10؛ رىم. 17:14، 20؛ تىت. 15:1.

بۇ تەمسىل ھەققىدە سورىدى. [18] ئۇ ئۇلارغا:
سىلەرمۇ تېخىچە چۈشەنمەي يۈرۈۋاتامسىلەر؟! سىرتتىن
ئىنساننىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇنى ناپاك
قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەيۋاتامسىلەر؟ [19] سىرتتىن كىرگەن
نەرسە ئىنساننىڭ قەلبىگە ئەمەس، ئاشقازىنىغا كىرىدۇ، ئاندىن ئۇ
يەردىن تەرەت بولۇپ تاشلىنىدۇ، ــ دېدى (ئۇ بۇ گەپنى دېيىش بىلەن،
ھەممە يېمەكلىكلەرنى ھالال قىلىۋەتتى).
[20] ئۇ يەنە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:
ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىدىغىنىلا، ئىنساننى ناپاك قىلىدۇ. [21]-
[22] چۈنكى شۇلار ــ يامان نىيەتلەر، زىناخورلۇق، جىنسىي بۇزۇقلۇقلار،
قاتىللىق، ئوغرىلىق، ئاچكۆزلۈك، رەزىللىكلەر، ئالدامچىلىق،
شەھۋانىيلىق، ھەسەتخورلۇق، تىل-ئاھانەت، تەكەببۇرلۇق ۋە
ھاماقەتلىكلەر ئىنساننىڭ ئىچىدىن، يەنى ئۇنىڭ قەلبىدىن
چىقىدۇ [23] ــ بۇ رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىچىدىن
چىقىپ، ئۆزىنى ناپاك قىلىدۇ.

## يات ئەللىك بىر ئايالنىڭ ئېتىقادى

مات. 15:21-28

[24] ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، تۇر ۋە زىدون ئەتراپىدىكى
رايونلارغا باردى ۋە بىر ئۆيگە كىردى. گەرچە ئۇ بۇنى ھېچكىم
بىلمىسۇن دېگەن بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇپ قالالمىدى.
[25] دەرۋەقە، ناپاك روھ چاپلاشقان كىچىك بىر قىزنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ

---

**17:7** مات. 15:15.

**21:7-22** **«ھەسەتخورلۇق»** ــ بۇنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «يامان كۆز».

**21:7-22** يار. 6:5؛ 8:21؛ پەند. 6:14؛ يەر. 17:9.

**24:7** **«ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، تۇر ۋە زىدون ئەتراپىدىكى رايونلارغا باردى»** ــ ئۇ يەر «چەتئەللىكلەر» تۇرۇۋاتقان رايون بولۇپ، مەسىھنىڭ شۇ يەرگە بېرىشتىكى مەقستى، ئۆز خەلقىدىن بىر ۋاقىت ئايرىلىپ ئارام ئېلىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

**24:7** مات. 15:21.

توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى [26] (ئايال يۇنانلىق بولۇپ، سۇرىيە ئۆلكىسىدىكى فەنىكىي مىللىتىدىن ئىدى). ئۇ ئۇنىڭدىن قىزىدىن جىننى ھەيدىۋېتىشنى ئۆتۈندى. [27] لېكىن ئەيسا ئۇنىڭغا:

ئالدى بىلەن بالىلار قورسىقىنى تويغۇزسۇن؛ چۈنكى بالىلارنىڭ نېنىنى كىچىك ئىتلارغا تاشلاپ بېرىش توغرا ئەمەس، ــ دېدى.

[28] لېكىن ئۇ بۇنىڭغا جاۋابەن:

دۇرۇس، ئى رەب، بىراق ھەتتا ئىتلارمۇ ئۈستەل ئاستىدا تۇرۇپ بالىلاردىن چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى يەيدىغۇ، ــ دېدى.

[29] ئەيسا ئۇنىڭغا:

سېنىڭ مۇشۇ سۆزۈڭ تۈپەيلىدىن يولۇڭغا قايت، جىن قىزىڭدىن چىقىپ كەتتى، ــ دېدى.

[30] ئايال ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، مانا قىز كارىۋاتتا ياتاتتى، جىن ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

## ئەيسانىڭ بىر گاس-گاچا ئادەمنى ساقايتىشى

[31] ئەيسا يەنە تۇر ۋە زىدون شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن چىقىپ، «ئون شەھەر» رايونى ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، يەنە گالىلىيە دېڭىزىغا كەلدى. [32] خالايىق ئۇنىڭ ئالدىغا تىلى ئېغىر، گاس بىر ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچىسىغا قولۇڭنى تەگكۈزۈپ

---

26:7 **«ئايال... فەنىكىي مىللىتىدىن ئىدى»** ــ ياكى «ئايال... فەنىكىلىك ئىدى» ياكى «ئايال... فەنىكە رايونلىق ئىدى». ئۇ يەھۇدىي ئەمەس، ئەللىك ئىدى. ئۇ ئەسلىدە بۇتپەرەس بولۇشى مۇمكىن.

27:7 **«ئالدى بىلەن بالىلار قورسىقىنى تويغۇزسۇن؛ چۈنكى بالىلارنىڭ نېنىنى كىچىك ئىتلارغا تاشلاپ بېرىش توغرا ئەمەس»** ــ مەسىھ ئەيسا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ۋەزىپىسىنى يەھۇدىيلارغا خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش، دەپ تەكىتلەيدۇ. «كىچىك ئىتلار» بەلكىم ھاقارەتلىك سۆز بولماي، ئۆيدىكى ئارزۇلۇق پىستىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئايالنىڭ ئېتىقادى توغرىسىدا «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**31:7** مات. 29:15.

قويساڭ، دەپ ئۆتۈنۈشتى. [33] ئۇ ئۇ ئادەمنى خالايىقتىن ئايرىپ بىر
چەتكە تارتىپ، بارماقلىرىنى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا تىقتى، تۈكۈرۈپ،
بارمىقىنى ئۇنىڭ تىلىغا تەگكۈزدى. [34] ئاندىن ئۇ ئاسمانغا قاراپ
ئۇھ تارتىپ خورسىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمگە: «ئەففاتا» (مەنىسى
«ئېچىل») دېدى. [35] ئۇ ئادەمنىڭ قۇلاقلىرى دەرھال ئېچىلىپ، تىلىمۇ
ئېچىلىپ راۋان گەپ قىلىشقا باشلىدى.
[36] ئەيسا ئۇلارغا بۇنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلىدى. لېكىن
ئۇلارغا ھەرقانچە تاپىلىغان بولسىمۇ، بۇ خەۋەرنى يەنىلا شۇنچە كەڭ
تارقىتىۋەتتى. [37] خالايىق بۇ ئىشقا مۇتلەق ھەيران قېلىشىپ:
ئۇ ھەممە ئىشلارنى قالتىس قىلىدىكەن! ھەتتا گاسلارنى ئاڭلايدىغان،
گاچىلارنى سۆزلەيدىغان قىلىدىكەن، ــ دېيىشتى.

## ئەيسانىڭ تۆت مىڭ كىشىنى تويدۇرۇشى

مات. 39-32:15

8 [1] شۇ كۈنلەردە، يەنە زور بىر توپ خالايىق يىغىلغانىدى. ئۇلارنىڭ
يېگۈدەك ھېچنېمىسى بولمىغاچقا، ئۇ مۇخلىسلىرىنى يېنىغا
چاقىرىپ:
[2] ــ بۇ خالايىققا ئىچىم ئاغرىيدۇ. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىلى
ئۈچ كۈن بولدى، ئۇلاردا يېگۈدەك ھېچنەرسىمۇ قالمىدى. [3] ئۇلارنى
ئۆيلىرىگە ئاچ قورساق قايتۇرسام، يولدا ھالىدىن كېتىشى مۇمكىن.
چۈنكى بەزىلىرى يىراقتىن كەلگەنىكەن، ــ دېدى.

---

**32:7** مات. 32:9؛ لۇقا 14:11.

33:7 **«ئۇ... بارماقلىرىنى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا تىقتى، تۈكۈرۈپ، بارمىقىنى ئۇنىڭ تىلىغا تەگكۈزدى»** ــ تەرجىمىمىز بويىچە مەسىھ بەلكىم ئۆز بارمىقى ئۈستىگە تۈكۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا ئۇ يەرگە تۈكۈرگەن بولسا كېرەك.

35:7 **«...تىلىمۇ ئېچىلىپ راۋان گەپ قىلىشقا باشلىدى»** ــ گرېك تىلىدا «...تىلىنىڭ تانىسى يېشىلىپ، راۋان گەپ قىلىشقا باشلىدى»

**37:7** يار. 1:31.

**1:8** مات. 32:15.

[4] مۇخلىسلىرى بۇنىڭغا جاۋابەن:
بۇنداق خىلۋەت بىر جايدا بۇ كىشىلەرنى تويدۇرغۇدەك ناننى نەدىن
تاپقىلى بولسۇن؟ ــ دېيىشتى.
[5] ــ قانچە نېنىڭلار بار؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ. يەتتە، ــ دېيىشتى ئۇلار.
[6] بۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلقنى يەردە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن يەتتە
ناننى قولىغا ئالدى ۋە خۇداغا تەشەككۇر-مەدھىيە ئېيتىپ ئوشتۇپ،
كۆپچىلىككە تۇتۇشقا مۇخلىسلىرىغا بەردى. ئۇلار خالايىققا
ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. [7] مۇخلىسلاردا يەنە بىرقانچە كىچىك بېلىقمۇ
بار ئىدى. ئۇ خۇداغا تەشەككۇر ئېيتىپ ئۇلارنى بەرىكەتلەپ،
مۇخلىسلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشنى ئېيتتى. [8] خالايىق تويغۇچە
يېدى؛ ئۇلار ئېشىپ قالغان پارچىلارنى يەتتە سېۋەتكە تېرىۋالدى.
[9] يېگەنلەر تۆت مىڭچە كىشى ئىدى. ئۇ ئۇلارنى يولغا سالدى، [10] ئاندىن
مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە دەرھال كېمىگە چۈشۈپ، دالمانۇتا
تەرەپلىرىگە باردى.

## پەرىسىيلەرنىڭ مۆجىزىلىك ئالامەتنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشى

مات. 16:1-4

[11] پەرىسىيلەر چىقىپ، ئۇنى سىناش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن بىرگە
ئاسماندىن بىر مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسەتسەڭ، دەپ تەلەپ
قىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكىلى تۇردى. [12] ئۇ ئىچىدە بىر
ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

---

**8:8 «ئۇلار ئېشىپ قالغان پارچىلارنى ... تېرىۋالدى»** ــ «ئۇلار» ــ مۇخلىسلار ياكى پۈتكۈل خالايىقنى كۆرسىتىدۇ. **«يەتتە سېۋەت...»** ــ «سېۋەت» گرېك تىلىدا بۇ سۆز بەك چوڭ بىر خىل سېۋەتنى كۆرسىتىدۇ.

**10:8** مات. 39:15.

**11:8 «پەرىسىيلەر چىقىپ، ئۇنى سىناش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن بىرگە ئاسماندىن بىر مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسەتسەڭ...»** ــ پەرىسىيلەر تەلەپ قىلغان «مۆجىزىلىك ئالامەت» ئەيسانىڭ ھەقىقىي مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر كارامەتنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**11:8** مات. 38:12؛ 1:16؛ لۇقا 29:11؛ يـۇھ. 30:6.

بۇ دەۋر نېمىشقا بىر «مۆجىزىلىك ئالامەت»نى ئىستەپ يۈرىدۇ؟ شۇنى سىلەرگە بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، بۇ دەۋرگە ھېچقانداق مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسىتىلمەيدۇ، ــ دېدى.
[13] ئاندىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ، يەنە كېمىگە چىقىپ، دېڭىزنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ كەتتى.

## ساختىپەزلىك «ئېچىتقۇ»سىدىن ساقلىنىش

مات. 16:5-12

[14] مۇخلىسلار نان ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتۇغان بولۇپ، كېمىدە بىر تال
ناندىن باشقا يەيدىغىنى يوق ئىدى. [15] ئۇ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ:
ئېھتىيات قىلىڭلار، پەرىسىيلەرنىڭ ئېچىتقۇسى ۋە ھىرودنىڭ
ئېچىتقۇسىدىن ھېزى بولۇڭلار، ــ دېدى. [16] مۇخلىسلار ئۆزئارا
مۇلاھىزىلىشىپ:
ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى نان ئەكەلمىگەنلىكىمىزدىن بولسا كېرەك، ــ
دېيىشتى.
[17] ئەيسا ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ:
نېمىشقا نان يوقلۇقى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىسىلەر؟ سىلەر
تېخىچە پەم-پاراسەت ياكى چۈشەنچىگە ئىگە بولمىدىڭلارمۇ؟
قەلبلىرىڭلار تېخىمۇ بىخۇدلىشىپ كېتىۋاتامدۇ؟ [18] كۆزۈڭلار
تۇرۇپ كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ قۇلىقىڭلار تۇرۇپ ئاڭلىمايۋاتامسىلەر؟
ئېسىڭلاردا يوقمۇ؟ [19] بەش مىڭ كىشىگە بەش ناننى ئوشتۇغىنىمدا،
پارچىلارغا لىق تولغان قانچە كېچىك سېۋەتنى يىغىۋالدىڭلار؟ ــ دېدى.

---

12:8 **«ئۇ ئىچىدە بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ...»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇ روھىدا بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ..». «روھ» مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ (ئىنسانىي) روھىنى بىلدۈرىدۇ.

**12:8** مات. 16:4.

15:8 **«ئېھتىيات قىلىڭلار، پەرىسىيلەرنىڭ ئېچىتقۇسى ۋە ھىرودنىڭ ئېچىتقۇسىدىن ھېزى بولۇڭلار»** ــ «مات.» 16:1-12نىمۇ كۆرۈڭ.

**15:8** مات. 16:6؛ لۇقا 12:1.

**17:8** مار. 6:52.

ئون ئىككىنى، ــ جاۋاب بەردى ئۇلار.
[20] ــ يەتتەناننى تۆت مىڭ كىشىگە ئۈشتۈگىنىمدا، پارچىلارغا لىق
تولغان قانچە سېۋەتنى يىغىۋالدىڭلار؟ ــ دېدى ئۇ.
يەتتىنى، ــ جاۋاب بەردى ئۇلار.
[21] ئۇ ئۇلارغا:
ئۇنداقتا، قانداقسىگە سىلەر تېخى چۈشەنمەيسىلەر؟ ــ دېدى.

## بەيت-سائىدادىكى بىر كورنىڭ ساقايتىلىشى

[22] ئۇلار بەيت-سائىدا يېزىسىغا كەلدى؛ خالايىق بىر كور ئادەمنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قولۇڭنى تەگكۈزۈپ قويساڭ، دەپ ئۆتۈندى. [23] ئۇ كور ئادەمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېزىنىڭ سىرتىغا يېتىلەپ باردى؛ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تۈكۈرۈپ، ئۈستىگە قوللىرىنى تەگكۈزۈپ:
بىرەر نەرسە كۆرۈۋاتامسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
[24] ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ: كىشىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن؛ ئۇلار خۇددى مېڭىپ يۈرۈۋاتقان دەرەخلەردەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ــ دېدى.
[25] ئاندىن ئۇ قايتىدىن قوللىرىنى ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە تەگكۈزدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىۋىدى، كۆزلىرى ئەسلىگە كېلىپ، ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆردى. [26] ئەيسا ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ:

---

**19:8** «**..قانچە كىچىك سېۋەت..**» ــ «سېۋەت» گرېك تىلىدا «قول سېۋەت».

**19:8** مات. 17:14، 20؛ مار. 38:6؛ لۇقا 13:9؛ يۇھ. 9:6.

**20:8** مات. 36:15، 37.

21:8 «**ئۇنداقتا، قانداقسىگە سىلەر تېخى چۈشەنمەيسىلەر؟**» ــ مەسىھنىڭ بۇ سوئالى مۇخلىسلىرى يىغىۋالغان «ئون ئىككى (كىچىك) سېۋەت» ۋە «يەتتە (چوڭ) سېۋەت» بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر ــ قىزىق بىر ئىش شۇكى، ماركۇس ئۆزىنىڭ ئىنجىلدىكى باياندا مەسىھنىڭ (ئۆلۈمدىن تىرىلىشتىن باشقا) جەمئىي ئون توققۇز ئالاھىدە مۆجىزىسىنى خاتىرىلەيدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**23:8** مار. 32:7.

25:8 «**ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىۋىدى..**» ــ ياكى «ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى...» ياكى «ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى...».

يېزىغمۇ كىرمە، ياكى يېزىدىكى ھېچكىمگە بۇ ئىشنى ئۇقتۇرما، ــ
دەپ تاپىلىدى.

## پېترۇسنىڭ ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ دەپ تونۇشى

مات. 16:13-20؛ لۇقا 9:18-21

27 ئەيسا مۇخلىسلىرى بىلەن چىقىپ قەيسەرىيە-فىلىپپى رايونىغا
قاراشلىق كەنت-يېزىلارغا باردى. يولدا ئۇ مۇخلىسلىرىدىن:
كىشىلەر مېنى كىم دەيدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
28 ئۇلار ئۇنىڭغا:
بەزىلەر سېنى چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا، بەزىلەر ئىلياس پەيغەمبەر ۋە
يەنە بەزىلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن بىرى دەپ قارايدىكەن، ــ
دەپ جاۋاب بېرىشتى.
29 ئۇ ئۇلاردىن:
ئەمدى سىلەرچۇ، سىلەر مېنى كىم دەپ بىلىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.
پېترۇس جاۋابەن: ــ سەن مەسىھدۇرسەن، ــ دېدى.
30 ئۇ ئۇلارغا ئۆزى توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنماسلىقنى جىددىي
تاپىلىدى.

## ئەيسانىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىشى

مات. 16:21-28؛ لۇقا 9:22-27

31 شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنسانئوغلىنىڭ نۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشى،
ئاقساقاللار، باش كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى تەرىپىدىن چەتكە

---

8:26 **«يېزىغمۇ كىرمە، ياكى يېزىدىكى ھېچكىمگە بۇ ئىشنى ئۇقتۇرما»** ــ مەسىھ نېمىشقا شۇنداق تاپىلىدى؟ شۈبھىسىزكى، بەيت-سائىدادىكىلەر ئاللىقاچان ئۇنىڭ كۆپ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ تېخىچە توۋا قىلمىغانىدى («مات.» 11:21نى كۆرۈڭ).

**27:8** مات. 16:13؛ لۇقا 9:18.

**28:8** مات. 14:2.

29:8 **«سەن مەسىھدۇرسەن»** ــ «مەسىھ» دېگەن سۆز توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نىمزنى كۆرۈڭ.

**29:8** مات. 16:16؛ يـۇھ. 6:69.

قېقىلىشى، ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلۈشى
مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى مۇخلىسلىرىغا ئۆگىتىشكە باشلىدى. [32]ئۇ
بۇ ئىشنى ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن پېترۇس ئۇنى
بىر چەتكە تارتىپ، ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. [33]لېكىن ئۇ بۇرۇلۇپ
مۇخلىسلىرىغا قاراپ، پېترۇسنى ئەيىبلەپ:
ئارقامغا ئۆت، شەيتان! سېنىڭ ئويلىغانلىرىڭ خۇدانىڭ ئىشلىرى
ئەمەس، ئىنسانىنىڭ ئىشلىرىدۇر، ــ دېدى.
[34]ئاندىن مۇخلىسلىرى بىلەن خالايىقنىمۇ چاقىرىپ مۇنداق دېدى:
كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى نىيەت قىلسا، ئۆزىدىن كېچىپ،
ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن! [35]چۈنكى كىمدەكىم
ئۆز جېنىنى قۇتقۇزاي دېسە، چوقۇم ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولىدۇ؛ لېكىن
كىمدەكىم مەن ئۈچۈن ۋە خۇش خەۋەر ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن مەھرۇم
بولسا، ئۇنى قۇتقۇزىدۇ. [36]چۈنكى بىر ئادەم پۈتكۈل دۇنياغا ئىگە
بولۇپ، جېنىدىن مەھرۇم قالسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟!

---

31:8 **«ئىنسانئوغلىنىڭ... ئاقساقاللار، باش كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشى»** ــ شۇ چاغدا ئىككى «باش كاھىن» بار ئىدى ــ «ئانناس» ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى «قايافا».

**31:8** مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24.

32:8 **«بۇنىڭ بىلەن پېترۇس ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىدى»** ــ پېترۇسنىڭ ئەيىبلىشى شۈبھىسىزكى، ئۆزىڭ ئۇلۇغ پادىشاھ مەسىھ تۇرۇپ، بېشىڭغا مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئىشلارنى چۈشۈرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى، دېگەندەك. «مات.» 22:16نى كۆرۈڭ.

33:8 **«ئارقامغا ئۆت، شەيتان!»** ــ ئەيسا بۇ ئايەتتە «شەيتان» دېگەن بۇ سۆزنى بىرىنچىدىن «دۈشمەن» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغان پېترۇسقا ئېيتىدۇ. ئىككىنچىدىن، شەيتان ئۆزى پېترۇس ئارقىلىق ئەيساغا پۇتلىكاشاڭ بولماقچى ئىدى.

**33:8** 2سام. 22:19.

34:8 **«كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى نىيەت قىلسا، ئۆزىدىن كېچىپ، ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن!»** ــ «مات.» 38:10نى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ.

**34:8** مات. 38:10؛ 24:16؛ لۇقا 23:9؛ 27:14.

**35:8** مات. 39:10؛ 25:16؛ لۇقا 24:9؛ 33:17؛ يۇھ. 25:12.

36:8 **«...جېنىدىن مەھرۇم قالسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟!»** ــ «جان» مۇشۇ يەردە پەقەت ھاياتنى ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ سالاھىيىتى، روھىي دۇنياسىنى كۆرسىتىدۇ.

[37]ئۇ نېمىسىنى جېنىغا تېگىشسۇن؟! [38]چۈنكى كىمدەكىم زىناخور
ۋە گۇناھكار بۇ دەۋر ئالدىدا مەندىن ۋە مېنىڭ سۆزلىرىمدىن نومۇس
قىلسا، ئىنسانئوغلىمۇ ئاتىسىنىڭ شان-شەرىپى ئىچىدە مۇقەددەس
پەرىشتىلەر بىلەن بىللە كەلگىنىدە، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدۇ.

## ئەيسانىڭ جۇلالىقتا كۆرۈنۈشى

مات. 17:1-13؛ لۇقا 9:28-36

9 [1]ئۇ ئۇلارغا يەنە:
مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەردە
تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىشتىن بۇرۇن جەزمەن
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كۈچ-قۇدرەت بىلەن كەلگەنلىكىنى
كۆرىدىغانلار باردۇر.

---

**37:8** زەب. 49:6-9

**38:8 «زىناخور ۋە گۇناھكار بۇ دەۋر»** — «زىناخور» بەلكىم ھەم جىسمانىي ھەم كۆچمە (خۇداغا ۋاپاسىزلىق قىلغۇچى، دېگەن) مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. **«ئىنسانئوغلى»** — مەسىھ، ئەلۋەتتە. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**38:8** مات. 10:32؛ لۇقا 9:26؛ 12:8؛ 2تىم. 2:12؛ 1يۇھ. 2:23.

**1:9 «بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىشتىن بۇرۇن جەزمەن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كۈچ-قۇدرەت بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرىدىغانلار باردۇر»** — بىزنىڭچە 1:9-ئايەتتىكى سۆزنىڭ مۇھىم مەنىسى 9:2-13دە تەسۋىرلەنگەن كارامەت ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.
—باشقا ئالىملار ئۇ: (1) ئەيسا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇخلىسلىرىغا قايتا كۆرۈنۈشى بىلەن؛ (2) مۇقەددەس روھنىڭ كېلىشى بىلەن؛ (3) مەسىھنىڭ شەرىپى جامائەتتە ئايان قىلىنىشى بىلەن؛ (4) ئەيسانىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدى، دەپ قارايدۇ.
—يۇقىرىقى (1)-، (2)-، (3)-پىكىر سەل ئورۇنلۇق بولغىنى بىلەن، لېكىن ئەيسانىڭ «بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ **ئارىسىدىن**... كۆرىدىغانلار بار» دېگىنىدىن قارىغاندا، **بەزى** روسۇللار بۇ ئىشنى كۆرىدۇ، شۇڭا مۇھىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى 9:2-13دىكى «ئەيسانىڭ جۇلالىقتا كۆرۈنۈشى» دېگەن ئىشتۇر، دەپ قارايمىز.

**1:9** مات. 16:28؛ لۇقا 9:27.

## ئەيسانىڭ جۇلالىقتا كۆرۈنۈشى

[2]ۋە ئالتە كۈندىن كېيىن، ئەيسا پېترۇس، ياقۇپ ۋە يۇھاننانى
ئايرىپ ئېلىپ، ئېگىز بىر تاغقا چىقتى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ سىياقى
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆزگىرىپ، [3]كىيىملىرى يەر يۈزىدىكى
ھېچبىر ئاقارتقۇچىمۇ ئاقارتالمىغۇدەك دەرىجىدە پارقىراپ قاردەك
ئاپئاق بولدى. [4]ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مۇسا ۋە ئىلىياس پەيغەمبەرلەر
تۇيۇقسىز كۆرۈندى؛ ئۇلار ئەيسا بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىدى. [5]پېترۇس
بۇ ئىشقا جاۋابەن ئەيساغا:
ئۇستاز، بۇ يەردە بولغىنىمىز ئىنتايىن ياخشى بولدى! بىرىنى
ساڭا، بىرىنى مۇساغا، يەنە بىرىنى ئىلىياسقا ئاتاپ بۇ يەرگە ئۈچ
كەپە ياسايلى! — دېدى [6](چۈنكى پېترۇس نېمە دېيىشنى بىلمەي
قالغانىدى، چۈنكى ئۇلار قورقۇنچقا چۆمۈپ كەتكەنىدى).
[7]تۇيۇقسىز بىر پارچە بۇلۇت ئۇلارنى قاپلىۋالدى ۋە بۇلۇتتىن: «بۇ
مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇمدۇر؛ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار!» دېگەن
ئاۋاز ئاڭلاندى. [8]ئۇلار لاپپىدە ئەتراپىغا قارىشىۋىدى، لېكىن يەنە
ھېچكىمنى كۆرمىدى، ئۆز يېنىدا پەقەت ئەيسانىلا كۆردى.
[9]ئۇلار تاغدىن چۈشۈۋاتقاندا، ئەيسا ئۇلارغا، ئىنسانئوغلى ئۆلۈمدىن
تىرىلدۈرۈلمىگۈچە، كۆرگەنلىرىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى
ئەمر قىلىپ تاپىلىدى. [10]ئۇلار ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ،
«ئۆلۈمدىن تىرىلىش» دېگەننىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە
ئۆزئارا مۇلاھىزىلەشتى.
[11]ئۇلار ئۇنىڭدىن يەنە:

---

**2:9** مات. 1:17؛ لۇقا 28:9.

**5:9** **«ئۇستاز»** — گرېك تىلىدا (ھەم ئىبرانىي تىلىدا) «رابىي» دېيىلىدۇ. **«بىرىنى ساڭا، بىرىنى مۇساغا، يەنە بىرىنى ئىلىياسقا ئاتاپ بۇ يەرگە ئۈچ كەپە ياسايلى!»** — بۇ سۆز ۋە پۈتۈن ۋەقە توغرۇلۇق يەنە «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**7:9** قان. 19:18؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1.

**9:9** مات. 9:17؛ لۇقا 36:9.

تەۋرات ئۇستازلىرى نېمە ئۈچۈن: «ئىلياس پەيغەمبەر مەسىھ كېلىشتىن
ئاۋۋال قايتىپ كېلىشى كېرەك» دېيىشىدۇ؟ ــ دەپ سوراشتى.
[12] ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن:
ئىلياس پەيغەمبەر دەرۋەقە مەسىھتىن ئاۋۋال كېلىدۇ، ئاندىن ھەممە
ئىشنى ئورنىغا كەلتۈرىدۇ؛ ئەمدى نېمىشقا مۇقەددەس يازمىلاردا
ئىنسانئوغلى كۆپ ئازاب-ئوقۇبەت چېكىدۇ ۋە خورلىنىدۇ، دەپ پۈتۈلگەن؟
[13] لېكىن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، ئىلياس پەيغەمبەر
دەرھەقىقەت كەلدى ۋە دەل مۇقەددەس يازمىلاردا ئۇ ھەققىدە
پۈتۈلگەندەك، كىشىلەر ئۇنىڭغا نېمىنى خالىسا شۇنداق قىلدى.

## جىن چاپلاشقان بالىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

مات. 17:14-20؛ لۇقا 9:37-43

[14] ئۇلار مۇخلىسلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىدا، زور بىر توپ
ئادەملەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى، بىرنەچچە
تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى

---

**11:9** مال. 5:4؛ مات. 14:11؛ لۇقا 17:1.

12:9 **«ئىلياس پەيغەمبەر دەرۋەقە مەسىھتىن ئاۋۋال كېلىدۇ، ئاندىن ھەممە ئىشنى ئورنىغا كەلتۈرىدۇ»** ــ «ئىلياسنىڭ ئاۋۋال كېلىشى» ۋە ئۇنىڭ «ھەممىنى ئورنىغا كەلتۈرۈشى»نى كۆرسەتكەن بېشارەت ۋە باشقا تەپسىلاتلىرى تەۋرات، «مال.» 5:4-6دە خاتىرىلىنىدۇ. **«ئەمدى نېمىشقا مۇقەددەس يازمىلاردا ئىنسانئوغلى كۆپ ئازاب-ئوقۇبەت چېكىدۇ ۋە خورلىنىدۇ، دەپ پۈتۈلگەن؟ »** ــ «نېمىشقا...؟» ــ ئەگەر ئۇلۇغ ئىلياس پەيغەمبەر كېلىپ مەسىھ ئۈچۈن يول تەييارلىغان بولسا، زادى «نېمىشقا» خەلق مەسىھنى قوبۇل قىلمايدۇ؟ يەھيا پەيغەمبەر دەرۋەقە «ئىلياس پەيغەمبەر»نىڭ روھى ۋە كۈچىدە كەلگىنى بىلەن («لۇقا» 17:1) ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە مەسىھمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلتۈرۈلىدۇ (13-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

**12:9** مال. 5:4؛ زەب. 6:22؛ يەش. 4:53؛ دان. 26:9؛ ۋەھ. 4:11-7.

13:9 **«لېكىن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، ئىلياس پەيغەمبەر دەرھەقىقەت كەلدى ۋە دەل مۇقەددەس يازمىلاردا ئۇ ھەققىدە پۈتۈلگەندەك، كىشىلەر ئۇنىڭغا نېمىنى خالىسا شۇنداق قىلدى»** ــ مۇشۇ يەردە مەسىھ يەھيا پەيغەمبەرنى يەنە ئىلياس پەيغەمبەرگە ئوخشىتىدۇ.

**13:9** مال. 5:4، 6

كۆردى. [15]ئۇنى كۆرگەن پۈتۈن خالايىق ئىنتايىن ھەيران بولۇشتى ۋە
يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى. [16]ئۇ ئۇلاردىن:
ئۇلار بىلەن نېمە توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىشىۋاتىسىلەر، ــ دەپ
سورىدى. [17]خالايىقتىن بىرەيلەن ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، مەن ئوغلۇمنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كەلدىم، چۈنكى
ئۇنىڭغا گاچا قىلغۇچى بىر روھ چاپلىشىۋالغان. [18]ھەر قېتىم روھ
ئۇنى چىرمىۋالسا، ئۇنى تارتىشتۇرۇپ يىقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
بالىنىڭ ئاغزى كۆپۈكلىشىپ، چىشلىرى كىرىشىپ كېتىدۇ؛ قاقشال
بولۇپ قالىدۇ. مۇخلىسلىرىڭدىن جىنىنى ھەيدىۋەتكەيسىلەر دەپ
تىلىدىم، بىراق ئۇلار قىلالمىدى، ــ دېدى.
[19] ئۇ جاۋابەن: ــ ئەي ئېتىقادسىز دەۋر، سىلەر بىلەن قاچانغىچە
تۇراي؟! مەن سىلەرگە يەنە قاچانغىچە سەۋر قىلاي؟ ــ بالىنى ئالدىمغا
ئېلىپ كېلىڭلار ــ دېدى.
[20]ئۇلار بالىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەيسانى كۆرۈش بىلەنلا
روھ بالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تارتىشتۇرۇۋەتتى. بالا يىقىلىپ،
ئاغزىدىن كۆپۈك چىققان پېتى يەردە يۇمىلاپ كەتتى.
[21]ئۇ بالىنىڭ ئاتىسىدىن:
بۇ ئىش بېشىغا كەلگىنىگە قانچە ئۇزۇن بولدى؟ ــ دەپ سورىدى.

---

16:9 **«ئۇ ئۇلاردىن: ــــ ... دەپ سورىدى»** ــ «ئۇلار» مۇشۇ يەردە (1) مۇخلىسلىرىنى؛ (2) خالايىقنىڭ ئۆزلىرىنى (3) تەۋرات ئۇستازلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىزنىڭچە (2) ياكى (3) توغرا بولۇشى كېرەك؛ خالايىقتىن بىرى مۇشۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ. بەزى كونا كۆچۈرمىلىرىدە «ئۇلار»نىڭ ئورنىدا «تەۋرات ئۇستازلىرى» دېيىلىدۇ.

17:9 **«مەن ئوغلۇمنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كەلدىم»** ــ بۇ كىشىنىڭ «سېنىڭ ئالدىڭغا» دېگىنى ئۇنىڭ مەسىھ ۋە مۇخلىسلىرىنى «بىر ئادەمدەك» دەپ قارايتتى، دەپ بىلدۈرىدۇ. بىر تەرەپتىن مۇشۇ كۆزقاراش توغرىدۇر.

**17:9** مات. 14:17؛ لۇقا 37:9، 38.

18:9 **«ئۇنى تارتىشتۇرۇپ يىقىتىدۇ»** ــ ياكى «ئۇنى يەرگە يىقىتىۋېتىدۇ». **«قاقشال بولۇپ قالىدۇ»** ــ ياكى «پۈتۈن ئەزايى قېتىپ قالىدۇ».

**20:9** مار. 26:1.

ئۇ: ــ كىچىكىدىن تارتىپ شۇنداق، [22] جىن ئۇنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن
كۆپ قېتىم ئوتقا ۋە سۇغا تاشلىدى. ئەمدى بىر ئامال قىلالىساڭ،
بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ شاپائەت قىلغايسەن! ــ دېدى.
[23] ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ «قىلالىساڭ!» دەيسەنغۇ! ئىشەنچتە بولغان
ئادەمگە ھەممە ئىش مۇمكىندۇر! ــ دېدى.
[24] بالىنىڭ ئاتىسى دەرھال: ــ مەن ئىشىنىمەن؛ ئىشەنچسىزلىكىمگە
مەدەت قىلغايسەن! ــ دېدى يىغلاپ نىدا قىلىپ. [25] ئەمدى ئەيسا
كۆپچىلىكنىڭ يۈگۈرۈشۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھېلىقى ناپاك
روھقا تەنبىھ بېرىپ:
ئەي ئادەمنى گاس ۋە گاچا قىلغۇچى روھ! بۇيرۇق قىلىمەنكى،
ئۇنىڭدىن چىق، ئىككىنچى كىرگۈچى بولما! ــ دېدى.
[26] شۇ ھامان جىن بىر چىرقىرىدى-دە، بالىنى دەھشەتلىك
تارتىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتتى. بالا ئۆلۈكتەك يېتىپ قالدى،
خالايىقنىڭ كۆپىنچىسى «ئۇ ئۆلدى!» دېيىشتى. [27] لېكىن ئەيسا
بالىنى قولىدىن تۇتۇپ يۆلىدى، بالا ئورنىدىن تۇردى.
[28] ئەيسا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز
قالغاندا ئۇنىڭدىن: ــ بىز نېمە ئۈچۈن جىننى ھەيدىۋېتەلمىدۇق؟ ــ
دەپ سوراشتى.
[29] ئۇ ئۇلارغا: ــ بۇ خىل جىن دۇئا ۋە روزىدىن باشقا يول بىلەن
چىقىرىلماس، ــ دېدى.

23:9 لۇقا 6:17.

28:9 مات. 19:17.

29:9 «**بۇ خىل جىن دۇئا ۋە روزىدىن باشقا يول بىلەن چىقىرىلماس**» ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «روزىدىن» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ.

## ئەيسانىڭ ئۆلۈپ تىرىلىدىغانلىقىنى يەنە ئالدىن ئېيتىشى

مات. 17:22-23؛ لۇقا 9:43-45

30 ئۇلار شۇ يەردىن ئايرىلىپ، گالىلىيەدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.
بىراق ئۇ بۇنى ھېچكىمنىڭ بىلىشىنى خالىمايتتى. 31 چۈنكى ئۇ
مۇخلىسلىرىغا:
ئىنسانئوغلى ئىنسانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئۇلار ئۇنى
ئۆلتۈرىدۇ. ئۆلتۈرۈلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ تىرىلىدۇ، ــ دېگەن
تەلىمنى بېرىۋاتاتتى. 32 لېكىن مۇخلىسلار بۇ سۆزنى چۈشەنمىدى
ھەمدە ئۇنىڭدىن سوراشقىمۇ پېتىنالمىدى.

## ھەقىقىي ئۇلۇغ كىم؟

مات. 18:1-5؛ لۇقا 9:46-48

33 ئۇ كەپەرناھۇم شەھىرىگە كەلدى. ئۆيگە كىرگەندە ئۇ ئۇلاردىن:
يولدا نېمە توغرىسىدا مۇلاھىزىلىشىۋاتقانىدىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى. 34 لېكىن
ئۇلار شۈك تۇردى، چۈنكى ئۇلار يولدا قايسىمىز ئەڭ ئۇلۇغ دەپ بىر-
بىرى بىلەن مۇلاھىزىلەشكەنىدى.
35 ئۇ ئولتۇرۇپ، ئون ئىككەيلەننى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا:
كىم بىرىنچى بولۇشنى ئىستىگەن بولسا، شۇ ھەممەيلەننىڭ ئەڭ
ئاخىرقىسى ۋە ھەممەيلەننىڭ خىزمەتكارى بولسۇن، ــ دېدى.
36 ئاندىن ئۇ كىچىك بىر بالىنى ئوتتۇرىدا تۇرغۇزدى ۋە ئۇنى قۇچىقىغا
ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

---

30:9 مات. 16:21؛ 17:22؛ 20:18؛ مار. 8:31؛ 10:33؛ لۇقا 9:22؛ 18:31؛ 24:7.

33:9 مات. 18:1؛ لۇقا 9:46؛ 22:24.

35:9 مات. 20:27؛ مار. 10:43.

36:9 مار. 10:16.

[37] ــ كىم مېنىڭ نامىمدا مۇشۇنداق كىچىك بالىنى قوبۇل قىلسا، مېنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. كىم مېنى قوبۇل قىلسا، ئۇ مېنى ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكۈچىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ.

## قارشى تۇرماسلىقنىڭ ئۆزى قوللىغانلىقتۇر

لۇقا 9:49-50

[38] يۇھاننا ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، سېنىڭ نامىڭ بىلەن جىنلارنى ھەيدەۋاتقان بىرسىنى كۆردۇق. لېكىن ئۇ بىز بىلەن بىرگە ساڭا ئەگەشكەنلەردىن بولمىغاچقا، ئۇنى توستۇق، ــ دېدى.
[39] لېكىن ئەيسا: ــ ئۇنى توسماڭلار. چۈنكى مېنىڭ نامىم بىلەن بىر مۆجىزە ياراتقان بىرسى ئارقىدىنلا مېنىڭ ئۈستۈمدىن يامان گەپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. [40] چۈنكى بىزگە قارشى تۇرمىغانلار بىزنى قوللىغانلاردۇر. [41] چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، مەسىھكە مەنسۇپ بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ نامىمدا سىلەرگە ھەتتا بىرەر پىيالە سۇ بەرگەن كىشىمۇ ئۆز ئىنئامىغا ئېرىشمەي قالمايدۇ.

---

**9:37 «كىم مېنىڭ نامىمدا مۇشۇنداق كىچىك بالىنى قوبۇل قىلسا...»** ــ ياكى «كىم مېنىڭ نامىمدا مۇشۇنداق كىچىك بالىنى كۈتسە...».

**9:37** مات. 18:5؛ لۇقا 9:48؛ يـۇھ. 13:20.

**9:38** لۇقا 9:49.

**9:39** 1كور. 12:3.

**9:41** مات. 10:42.

## گۇناھنىڭ ئېزىتقۇلۇقى

مات. 9-6:18؛ لۇقا 2-1:17

42 لېكىن ماڭا ئېتىقاد قىلغان بۇنداق كىچىكلەردىن بىرىنى گۇناھقا
پۇتلاشتۇرغان ھەرقانداق ئادەمنى، ئۇ بويىنىغا يوغان تۈگمەن تېشى
ئېسىلغان ھالدا دېڭىزغا تاشلىۋېتىلگىنى ئەۋزەل بولاتتى.
43 ئەگەر ئەمدى قولۇڭ سېنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرسا، ئۇنى كېسىپ
تاشلىۋەت. چۈنكى ئىككى قولۇڭ بار ھالدا دوزاخقا، يەنى ئۆچۈرۈلمەس
ئوتقا كىرگىنىڭدىن كۆرە، چولاق ھالدا ھاياتلىققا كىرگىنىڭ
ئەۋزەلدۇر. 44 چۈنكى دوزاختا شۇلارنى يەيدىغان قۇرت-قوڭغۇزلار
ئۆلمەيدۇ، يالقۇنلۇق ئوت ئۆچمەيدۇ.
45 ئەگەر ئەمدى پۇتۇڭ سېنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرسا، ئۇنى كېسىپ
تاشلىۋەت. چۈنكى ئىككى پۇتۇڭ بار ھالدا دوزاخقا، يەنى ئۆچۈرۈلمەس
ئوتقا تاشلانغىنىڭدىن كۆرە، توكۇر ھالدا ھاياتلىققا كىرگىنىڭ
ئەۋزەل. 46 چۈنكى دوزاختا شۇلارنى يەيدىغان قۇرت-قوڭغۇزلار ئۆلمەيدۇ،
يالقۇنلۇق ئوت ئۆچمەيدۇ.
47 ئەگەر كۆزۈڭ سېنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرسا، ئۇنى ئويۇپ تاشلىۋەت.
ئىككى كۆزۈڭ بار ھالدا ئوتلۇق دوزاخقا تاشلانغىنىڭدىن كۆرە، سىڭار
كۆزلۈك بولۇپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرگىنىڭ ئەۋزەل. 48 چۈنكى
دوزاختا شۇلارنى يەيدىغان قۇرت-قوڭغۇزلار ئۆلمەيدۇ، يالقۇنلۇق ئوت
ئۆچمەيدۇ.

---

**42:9** مات. 6:18؛ لۇقا 2:17.

**43:9** قان. 7:13؛ مات. 30:5؛ 8:18.

44:9 **«چۈنكى دوزاختا شۇلارنى يەيدىغان قۇرت-قوڭغۇزلار ئۆلمەيدۇ، يالقۇنلۇق ئوت ئۆچمەيدۇ»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە بۇ 44- ۋە 46-ئايەت تېپىلمايدۇ.

**44:9** يەش. 24:66.

**46:9** يەش. 24:66

**48:9** يەش. 24:66

49 ھەممە ئادەم ئوت بىلەن تۇزلىنىدۇ ۋە ھەربىر قۇربانلىق تۇز بىلەن
تۇزلىنىدۇ.
50 تۇز ياخشى نەرسىدۇر. ھالبۇكى، ئەگەر تۇز ئۆز تۇزلۇقىنى يوقاتسا،
ئۇنىڭغا قايتىدىن تۇز تەمىنى قانداقمۇ كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟
ئۆزۈڭلاردا تۇز تېپىلسۇن ۋە بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىناقلىقتا ئۆتۈڭلار.

---

**49:9** **«ھەممە ئادەم ئوت بىلەن تۇزلىنىدۇ ۋە ھەربىر قۇربانلىق تۇز بىلەن تۇزلىنىدۇ»** — بۇ سىرلىق جۈملە چوقۇم «لاۋ.» 13:2، «چۆل.» 23:31، «ئەز.» 24:43، «يەش.» 6:34 ۋە 20:66 ھەمدە يۇقىرىقى 42-48 ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەنىسى بەلكىم: — (1) گۆش-كۆكتاتلارنى تۇز بىلەن ئۇزۇن ساقلىغىلى بولغاندەك، مەسىھكە ئىشەنمىگەنلەر دوزاخنىڭ ئوتىدا «چىرىماي، ساقلىنىپ» مەڭگۈ جازالىنىدۇ؛ ياكى (2) مەسىھكە ئەگەشكەنلەر مۇشۇ دۇنيادا (تۇز يارىغا سېپىلگەندەك) جاپا-مۇشەققەت، ئازاب-ئوقۇبەت چېكىدۇ؛ ياكى (3) مەنىسى ھەر ئىككى تەرەپتىكىدەك بولىدۇ — دېمەك، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئەيسا مەسىھكە بولغان مۇناسىۋىتىدە مۇۋاپىق جاپا-مۇشەققەت، ئازاب-ئوقۇبەت چېكىدۇ؛ ئېتىقادچىلار مۇشۇ دۇنيادا جاپا-مۇشەققەتلەر ئارقىلىق تاۋلىنىپ پاكلىنىدۇ، ئېتىقادسىزلار دوزاختا مەڭگۈ ئازاب تارتىدۇ. بىزنىڭچە 3-مەنىسى توغرا كېلىشى مۇمكىن. رەببىمىز بۇ يەردە ھەم ئېتىقادچىلارنى ھەم ئېتىقادسىزلارنىمۇ كۆزدە تۇتىدۇ. بىزنىڭچە پەقەت ئېتىقادچىلار خۇداغا ئاتىلىدىغان قۇربانلىق بولالايدۇ، شۇڭا ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ھەممە ئادەم، ئىككىنچى قىسمىدا ئېتىقادچىلار («قۇربانلىق» سۈپىتىدە) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**49:9** لاۋ. 13:2.

**50:9** **«تۇز ياخشى نەرسىدۇر. ھالبۇكى، ئەگەر تۇز ئۆز تۇزلۇقىنى يوقاتسا، ئۇنىڭغا قايتىدىن تۇز تەمىنى قانداقمۇ كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟»** — تۇز بولسا (1) تەم بېرىدۇ؛ (2) چىرىپ كېتىشتىن توسىدۇ؛ (3) زەخىم-يارىلارنى ساقايتىدۇ. مۇخلىسلارنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان رولى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىشى كېرەك. **«ئۆزۈڭلاردا تۇز تېپىلسۇن ۋە بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىناقلىقتا ئۆتۈڭلار»** — بۇ سىرلىق جۈملىنىڭ مەنىسى ئۈچۈن «مات.» 13:5، «ئەف.» 29:4، «كول.» 6:4نى كۆرۈڭ. ئېتىقادچىلار «تۇزلۇق» بولسا ئۆزىنى پاك تۇتىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ھالى چوڭلۇق قىلمايدۇ — بەلكى مۇھەببىتى، خاتىرجەملىكى ۋە خۇشاللىقى بىلەن گۇناھتا تۇتۇلغانلارنى خۇدانىڭ يولىغا جەلپ قىلغۇچىلاردۇر.

**50:9** مات. 13:5؛ لۇقا 34:14؛ رىم. 18:12؛ ئىبر. 14:12.

## تالاق توغرىسىدىكى تەلىم

مات. 19:1-12

10 1 ئۇ ئۇ يەردىن قوزغىلىپ، يەھۇدىيە ئۆلكىسى تەرەپلىرىدىن
ئۆتۈپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى رايونلارغىمۇ باردى.
توپ-توپ ئادەملەر يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى. ئۇ ئادىتى
بويىچە ئۇلارغا تەلىم بېرىشكە باشلىدى. 2 بەزى پەرىسىيلەر ئۇنىڭ
يېنىغا كېلىپ ئۇنى قىلتاققا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن:
بىر ئادەمنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىشى تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ؟ ــ
دەپ سورىدى.
3 لېكىن ئۇ جاۋابەن: ــ مۇسا پەيغەمبەر سىلەرگە نېمە دەپ بۇيرۇغان؟
ــ دېدى. 4 ئۇلار: ــ مۇسا پەيغەمبەر كىشىنىڭ ئايالىنى بىر پارچە تالاق
خېتى يېزىپلا تالاق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان، ــ دېيىشتى.
5 ئەيسا ئۇلارغا:
تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن ئۇ سىلەرگە بۇ ئەمرنى پۈتكەن؛ 6 لېكىن خۇدا
ئالەم ئاپىرىدە بولغىنىدا ئىنسانلارنى «ئەر ۋە ئايال قىلىپ ياراتتى».
7 «شۇ سەۋەبتىن ئەر كىشى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ، ئايالى بىلەن
بىرلىشىپ 8 ئىككىلىسى بىر تەن بولىدۇ». شۇنداق ئىكەن، ئەر-ئايال

---

**10:1** مات. 19:1.

**10:2 «قىلتاققا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە»** ــ ئەسلىدە يەھيا پەيغەمبەر هېرود پادىشاھقا «تالاق قىلساڭ بولمايدۇ» دەپ تەنبىھ بېرىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. شۈبھىسىزكى، پەرىسىيلەرنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرى: ــ ئەيسامۇ «تالاق قىلىشقا بولمايدۇ» دېسە، هېرود پادىشاھ ئۇنى يەھياغا ئوخشاش ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

**10:4 «مۇسا پەيغەمبەر كىشىنىڭ ئايالىنى بىر پارچە تالاق خېتى يېزىپلا تالاق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان»** ــ مۇشۇ ئەمرنىڭ توغرىسى «قان.» 24:1دە تېپىلىدۇ.
—يەنە «قويۇپ بېرىش» («تالاق قىلىش») توغرىسىدىكى بىر يەكۈن ئۈچۈن «1كور.»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ (7-باب توغرۇلۇق) كۆرۈڭ.

**10:4** قان. 24:1، 3؛ يەر. 3:1؛ مات. 5:31.

**10:6** يار. 1:27، 2:24، 5:2؛ مات. 19:4.

**10:7** يار. 2:24؛ 1كور. 6:16؛ ئەف. 5:31.

ئەمدى ئىككى تەن ئەمەس، بەلكى بىر تەن بولىدۇ. [9] شۇنىڭ ئۈچۈن،
خۇدا قوشقاننى ئىنسان ئايرىمىسۇن، ــ دېدى.
[10] ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭدىن بۇ
ھەقتە سورىدى. [11] ئۇ ئۇلارغا:
ئايالىنى تالاق قىلىپ، باشقا بىرىنى ئەمرىگە ئالغان كىشى ئايالىغا
گۇناھ قىلىپ زىنا قىلغان بولىدۇ. [12] ئېرىنى قويۇۋېتىپ، باشقا ئەرگە
تەگكەن ئايالمۇ زىنا قىلغان بولىدۇ، ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ كىچىك بالىلارغا بەخت تىلىشى

مات. 13:19-15؛ لۇقا 15:18-17

[13] قولۇقنى تەگكۈزگەيسەن دەپ، كىشىلەر كىچىك بالىلىرىنى ئۇنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كېلىشۋاتاتتى. بىراق مۇخلىسلار ئېلىپ كەلگەنلەرنى
ئەيىبلىدى. [14] بۇنى كۆرگەن ئەيسا ئاچچىقلىنىپ، مۇخلىسلىرىغا:
بالىلار ئالدىمغا كەلسۇن، ئۇلارنى توسماڭلار. چۈنكى خۇدانىڭ
پادىشاھلىقى دەل مۇشۇنداقلارغا تەۋەدۇر. [15] مەن سىلەرگە شۇنى
بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى سەبىي بالىدەك

---

8:10 «شۇ سەۋەبتىن ئەر كىشى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ، ئايالى بىلەن بىرلىشىپ ئىككىلىسى بىر تەن بولىدۇ» ــ «يار.» 24:2.

**8:10** يار. 24:2

**9:10** 1كور. 10:7.

**11:10** مات. 32:5؛ 9:19؛ لۇقا 18:16؛ 1كور. 10:7.

**12:10** «ئايال ..ئېرىنى قويۇۋېتىپ... » ــ يەھۇدىي جەمئىيىتىدە بۇ ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. لېكىن يەھۇدىي ئەمەسلەر ئارىسىدا دائىم يۈز بېرەتتى. شۇڭا شۈبھىسىزكى، مەسىھنىڭ مۇشۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى يەھۇدىي ئەمەسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
—يەنە «قويۇپ بېرىش» («تالاق قىلىش») توغرىسىدىكى بىر يەكۈن ئۈچۈن «1كور.»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ (7-باب توغرۇلۇق) كۆرۈڭ.

**13:10** مات. 13:19؛ لۇقا 15:18.

**14:10** «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى دەل مۇشۇنداقلارغا تەۋەدۇر» ــ ياكى «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى دەل مۇشۇنداقلاردىن تەركىب تاپقاندۇر».

**14:10** مات. 3:18؛ 14:19؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2.

قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭغا ھەرگىز كىرەلمەيدۇ، ــ دېدى. [16] شۇنىڭ
بىلەن ئۇ بالىلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇلارغا قوللىرىنى تەگكۈزۈپ
بەخت تىلىدى.

## پۇلدارلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلەمدۇ؟

مات. 16:19-30؛ لۇقا 18:18-30

[17] ئۇ يولغا چىققاندا، بىرسى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ
ئالدىدا تىزلىنىپ ئۇنىڭدىن:
ئى ياخشى ئۇستاز، مەن قانداق قىلسام مەڭگۈلۈك ھاياتقا مىراسلىق
قىلىمەن؟ ــ دەپ سورىدى.
[18] لېكىن ئەيسا ئۇنىڭغا:
مېنى نېمىشقا ياخشى دەيسەن؟ پەقەت بىردىن، يەنى خۇدادىن باشقا
ھېچكىم ياخشى ئەمەستۇر. [19] سەن تەۋراتتىكى «زىنا قىلما، قاتىللىق
قىلما، ئوغرىلىق قىلما، يالغان گۇۋاھلىق بەرمە، خىيانەت قىلما،
ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىل» دېگەن پەرھىز-پەرزلەرنى بىلىسەن، ــ
دېدى.
[20] ئۇ ئادەم جاۋابەن: ــ ئۇستاز، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە كىچىكىمدىن
تارتىپ ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ــ دېدى.
[21] ئەيسانىڭ ئۇنىڭغا قاراپ مۇھەببىتى قوزغالدى ۋە ئۇنىڭغا:
سەندە يەنە بىر ئىش كەم. بېرىپ پۈتۈن مال-مۈلكىڭنى سېتىپ،

---

10:16 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇلارغا قوللىرىنى تەگكۈزۈپ بەخت تىلىدى»** ــ بۇ ئايەتتىكى گرېك تىلىغا قارىغاندا، مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇ بىر-بىرلەپ قۇچاقلاپ، بالىلارغا ئايرىم-ئايرىم بەخت تىلىدى.

**10:16** مات. 19:15؛ مار. 9:36.

**10:17** مات. 19:16؛ لۇقا 18:18.

10:19 **«زىنا قىلما، قاتىللىق قىلما، ئوغرىلىق قىلما، يالغان گۇۋاھلىق بەرمە، خىيانەت قىلما، ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىل»** ــ مۇشۇ ئەمرلەر «مىس.» 20:12-16، «قان.» 5:16-20 ۋە 24:14دە تېپىلىدۇ.

**10:19** مىس. 20:12-16؛ 21:12؛ قان. 5:16-20؛ قان. 24:14؛ رىم. 13:9.

**پۇلنى يوقسۇللارغا بەرگىن ۋە شۇنداق قىلساڭ، ئەرشتە خەزىنەڭ**
**بولىدۇ؛ ئاندىن كېلىپ كرېستنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشكىن! ــ دېدى.**
**[22] لېكىن مۇشۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قايغۇغا چۆمۈپ**
**ئۇ يەردىن كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ مال-دۇنياسى ناھايىتى كۆپ ئىدى.**
**[23] ئاندىن ئەيسا چۆرىسىگە سەپسېلىپ قاراپ، مۇخلىسلىرىغا:**
**مال-دۇنياسى كۆپلەرنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشى نېمىدېگەن تەسلىكتە بولىدۇ-ھە! ــ دېدى.**
**[24] مۇخلىسلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىنتايىن ھەيران بولۇشتى، لېكىن**
**ئەيسا ئۇلارغا يەنە جاۋابەن:**
**بالىلىرىم، مال-مۈلۈككە تايانغانلار ئۈچۈن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا**
**كىرىش نېمىدېگەن تەس-ھە! [25] تۆگىنىڭ يىڭنىنىڭ كۆزىدىن ئۆتۈشى**
**باي ئادەمنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشىدىن ئاساندۇر! ــ**
**دېدى.**
**[26] ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن بەك ھەيران بولۇشۇپ، بىر-بىرىدىن:**
**ئۇنداقتا، كىم نىجاتقا ئېرىشەلەيدۇ؟ ــ دەپ سوراشتى. [27] ئەيسا ئۇلارغا**
**قاراپ:**
**بۇ ئىش ئىنسان بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن خۇدا ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس بولمايدۇ؛ چۈنكى خۇداغا نىسبەتەن**

21:10 **«...ئاندىن كېلىپ كرېستنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشكىن!»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ يەردە «كرېست كۆتۈرۈپ» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ.
—«كرېست كۆتۈرۈش» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا «مات.» 38:10دىكى ئىزاھات ۋە باشقا ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.
—«ئەيسانىڭ ئۇنىڭغا قاراپ مۇھەببىتى قوزغالدى» دېگەن سۆزگە قارىغاندا، مۇمكىنچىلىكى باركى، مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئىزدىگەن ياش باي يىگىت دەل ماركۇسنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ يىگىت ماركۇس بولمىسا، «ئەيسانىڭ مۇھەببىتى» توغرۇلۇق قانداقمۇ خەۋەر تاپالايدۇ؟

**21:10** مات. 19:6؛ لۇقا 33:12؛ 1تىم. 17:6.

**23:10** پەند. 28:11؛ مات. 23:19؛ لۇقا 24:18.

24:10 **«مال-مۈلۈككە تايانغانلار ئۈچۈن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىش نېمىدېگەن تەس-ھە!»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ يەردە «مال-مۈلۈكلەرگە تايانغانلار ئۈچۈن» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ.

ھەممە ئىش مۇمكىن بولىدۇ، ــ دېدى.
[28] بۇنىڭ بىلەن پېترۇس ئۇنىڭغا:
مانا، بىز بولساق، ھەممىنى تاشلاپ ساڭا ئەگەشتۇق!؟ ــ دېگىلى
تۇردى.
[29] ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن ئۈچۈن ۋە
خۇش خەۋەر ئۈچۈن ئۆيى، ئاكا-ئۇكىلىرى، ئاچا-سىڭىللىرى،
ئاتىسى، ئانىسى، ئايالى، باللىرى ياكى يەر-زېمىنلىرىدىن ۋاز
كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسى [30] بۇ زاماندا بۇلارنىڭ يۈز ھەسسىسىگە،
يەنى ئۆي، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل، ئانا، باللار ۋە يەر-زېمىنلارغا
(زىيانكەشلىكلەر قوشۇلغان ھالدا) مۇيەسسەر بولماي قالمايدۇ
ۋە كېلىدىغان زاماندىمۇ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشمەي قالمايدۇ.
[31] لېكىن شۇ چاغدا نۇرغۇن ئالدىدا تۇرغانلار ئارقىغا ئۆتىدۇ، نۇرغۇن
ئارقىدا تۇرغانلار ئالدىغا ئۆتىدۇ.

## ئەيسانىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىغانلىقىنى يەنە ئالدىن ئېيتىشى

مات. 20:17-19؛ لۇقا 18:31-34

[32] ئۇلار يېرۇسالېمغا چىقىدىغان يولدا ئىدى، ئەيسا ھەممىنىڭ
ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. مۇخلىسلىرى بەك ھەيران ئىدى ھەممە
ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرمۇ قورقۇنچ ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. ئەيسا
ئون ئىككەيلەننى يەنە ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارغا ئۆز بېشىغا

27:10 **«چۈنكى خۇداغا نىسبەتەن ھەممە ئىش مۇمكىن بولىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا: «چۈنكى خۇدا بىلەن ھەممە ئىش مۇمكىن بولىدۇ».

**27:10** ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ لۇقا 37:1.

**28:10** مات. 20:4؛ 27:19؛ لۇقا 11:5؛ 28:18.

**31:10** مات. 30:19؛ 16:20؛ لۇقا 30:13.

چۈشىدىغانلىرىنى ئۇقتۇرۇشقا باشلاپ:
[33] ــ مانا بىز ھازىر يېرۇسالېمغا چىقىپ كېتىۋاتىمىز. ئىنسانئوغلى
باش كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئۇنى
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ ۋە يات ئەللىكلەرگە تاپشۇرىدۇ.
[34] ئۇلار بولسا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، قامچىلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
تۈكۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. لېكىن ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ قايتا
تىرىلىدۇ، ــ دېدى.

## ياقۇپ بىلەن يۇھاننانىڭ تەلپى

مات. 20:20-28

[35] زەبەدىينىڭ ئوغۇللىرى ياقۇپ بىلەن يۇھاننا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
ئۇستاز، سەندىن نېمە تىلىسەك ئورۇنداپ بەرسەڭ، دەپ ئۆتۈنىمىز،
ــ دېيىشتى.
[36] ئۇ ئۇلارغا: ــ سىلەرگە نېمە قىلىپ بېرىشىمنى خالايسىلەر؟ ــ دېدى.
[37] ــ سەن شان-شەرىپىڭدە بولغىنىڭدا، بىرىمىزنى ئوڭ يېنىڭدا،
بىرىمىزنى سول يېنىڭدا ئولتۇرغۇزغايسەن، ــ دېيىشتى ئۇلار.
[38] ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن: ــ نېمە تەلەپ قىلغانلىقىڭلارنى
بىلمەيۋاتىسىلەر. مەن ئىچىدىغان قەدەھنى ئىچەلەمسىلەر؟ مەن

---

32:10 **«مۇخلىسلىرى»** ــ مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا «ئۇلار» بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ. **«مۇخلىسلىرى بەك ھەيران ئىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرمۇ قورقۇنچ ئىچىدە كېتىۋاتاتتى»** ــ ئۇلارنىڭ ھەيران قېلىش ياكى قورقۇنچتا بولۇشىنىڭ سەۋەبى: (1) ئۇ ئادەتتىكىدەك ئۇلار بىلەن بىللە ماڭماي، بەلكىم نامەلۇم سەۋەبتىن ئالدىدا يالغۇز ماڭاتتى؛ (2) ئۇ خەتەر يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان شۇ شەھەرگە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

**32:10** مات. 16:21؛ 17:22؛ 20:18؛ مار. 8:31؛ 9:31؛ لۇقا 9:22؛ 18:31؛ 24:7.

**34:10 «ئۇلار بولسا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، قامچىلاپ...»** ــ رىم ئىمپېرىيەسىدە جازا قامچىلىرى بىرنەچچە تاسمىلىق بولۇپ، ھەربىر تاسمىغا قوغۇشۇن ۋە ئۇستىخان پارچىلىرى باغلانغان بولىدۇ. قامچىلىغان ۋاقتىدا جازالانغۇچى يالىڭاچلىنىپ، يەرگە تىزلاندۇرۇلۇپ، ئىككى يېنىدا تۇرغان لەشكەر ئۇنى قامچىلايتتى. جازالانغۇچى بەزى ۋاقىتلاردا ھەتتا مۇشۇ قامچىلاشتىن ئۆلەتتى.

**35:10** مات. 20:20.

قوبۇل قىلىدىغان چۆمۈلدۈرۈشنى سىلەرمۇ قوبۇل قىلالامسىلەر؟
[39]— قىلالايمىز، — دېيىشتى ئۇلار.
ئەيسا ئۇلارغا:
دەرۋەقە، مەن ئىچىدىغان قەدەھنى سىلەرمۇ ئىچىسىلەر ۋە مەن
قوبۇل قىلىدىغان چۆمۈلدۈرۈلۈش بىلەن چۆمۈلدۈرۈلىسىلەر. [40]بىراق
ئوڭ ياكى سول يېنىمدا ئولتۇرۇشقا نېسىپ بولۇش مېنىڭ ئىلكىمدە
ئەمەس؛ بەلكى كىملەرگە تەييارلانغان بولسا، شۇلارغا بېرىلىدۇ، —
دېدى.
[41]بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قالغان ئون مۇخلىس ياقۇپ بىلەن
يۇھاننادىن خاپا بولۇشقا باشلىدى. [42]لېكىن ئەيسا ئۇلارنى يېنىغا
چاقىرىپ، مۇنداق دېدى:
سىلەرگە مەلۇمكى، يات ئەللەر ئۈستىدىكى ھۆكۈمران دەپ
ھېسابلانغانلار قول ئاستىدىكى خەلق ئۈستىدىن بۇيرۇقۋازلىق
قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، ۋە ھوقۇقدارلىرى ئۇلارنى
خوجايىنلارچە ئىدارە قىلىدۇ. [43]بىراق سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇنداق
ئىش بولمايدۇ؛ بەلكى سىلەردىن كىم مەرتىۋىلىك بولۇشنى خالىسا،

---

38:10 **«مەن ئىچىدىغان قەدەھنى ئىچەلەمسىلەر؟»** — بۇ ئايەتتىكى «قەدەھ» دېگەن سۆز، ئەيسانىڭ تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبىتى ۋە كرېستتىكى ئۆلۈمىنى كۆزدە تۇتىدۇ. **«مەن قوبۇل قىلىدىغان چۆمۈلدۈرۈشنى سىلەرمۇ قوبۇل قىلالامسىلەر؟»** — مەسىھ كۆرسەتكەن بۇ «چۆمۈلدۈرۈش» شۈبھىسىزكى، ئۆز ئۆلۈمىدۇر. «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يازغان «چۆمۈلدۈرۈش» توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ.

**38:10** مات. 22:20؛ لۇقا 49:12، 50.

**40:10** مات. 34:25.

**41:10** مات. 24:20.

42:10 **«يات ئەللەر ئۈستىدىكى ھۆكۈمران دەپ ھېسابلانغانلار قول ئاستىدىكى خەلق ئۈستىدىن بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، ۋە ھوقۇقدارلىرى ئۇلارنى خوجايىنلارچە ئىدارە قىلىدۇ»** — «يات ئەللەر» مۇشۇ سۆز ئادەتتە يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن مۇشۇ يەردە ئېتىقادسىز، خۇدانى تونۇمايدىغان دۇنيادىكى ئەللەرنى تەكىتلەيدۇ

**42:10** مات. 25:20؛ لۇقا 25:22.

ئۇ سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولسۇن؛ [44] ۋە كىم ئاراڭلاردا بىرىنچى
بولۇشنى ئىستىسە، ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ قۇلى بولسۇن. [45] چۈنكى
ئىنسانئوغلىمۇ دەرۋەقە شۇ يولدا كۈيچىلىك مېنىڭ خىزمىتىمدە
بولسۇن دېمەي، بەلكى كۈيچىلىكنىڭ خىزمىتىدە بولاي ۋە جېنىمنى
پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى ھۆرلۈككە چىقىراي دەپ
كەلدى.

## قارىغۇ بارتىمايىنىڭ كۆزىنىڭ ساقايتىلىشى

مات. 20:29-34؛ لۇقا 18:35-43

[46] ئۇلار يېرىخو شەھىرىگە كەلدى. ئەيسا مۇخلىسلىرى ۋە زور بىر توپ
ئادەملەر بىلەن بىللە يېرىخودىن چىققان ۋاقىتتا، تىمايىنىڭ بارتىماي
ئىسىملىك قارىغۇ ئوغلى يول بويىدا ئولتۇرۇپ، تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى. [47] ئۇ «ناسارەتلىك ئەيسا»نىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ:
ئى داۋۇتنىڭ ئوغلى ئەيسا، ماڭا رەھىم قىلغايسەن! ــ دەپ توۋلاشقا
باشلىدى.
[48] نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى «ئۈن چىقارما» دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن ئۇ:
ئى داۋۇتنىڭ ئوغلى، ماڭا رەھىم قىلغايسەن، ــ دەپ تېخىمۇ ئۈنلۈك
توۋلىدى.
[49] ئەيسا توختاپ:

---

**43:10** 1پېت. 3:5.
**45:10 «ئىنسانئوغلىمۇ... جېنىمنى پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى ھۆرلۈككە چىقىراي دەپ كەلدى»** ــ نېمىدىن «ئازاد قىلىش» ــ گۇناھتىن ئازاد قىلىشتۇر.
**45:10** يۇھ. 14:13؛ ئەف. 7:1؛ فىل. 7:2؛ كول. 14:1؛ 1تىم. 6:2؛ تىت. 14:2.
**46:10 «تىمايىنىڭ بارتىماي ئىسىملىك قارىغۇ ئوغلى»** ــ «قارىغۇ» گرېك تىلىدا «ھېلىقى قارىغۇ» دېيىلىدۇ ــ دېمەك، بارتىماي جامائەتلەر ئىچىدە كۆپ ئادەملەرگە تونۇش ئىدى.
**46:10** مات. 29:20؛ لۇقا 35:18.
**47:10 «ى داۋۇتنىڭ ئوغلى ئەيسا...!»** ــ تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىك يازمىلىرى بويىچە مەسىھ داۋۇت پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا «داۋۇتنىڭ ئوغلى» مەسىھنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى ئىدى.

ئۇنى چاقىرىڭلار، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قارىغۇنى چاقىرىپ
ئۇنىڭغا:
يۈرەكلىك بول! ئورنۇڭدىن تۇر، ئۇ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ! ــ دېيىشتى.
50 ئۇ ئادەم چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئەيسانىڭ
ئالدىغا كەلدى.
51 ئەيسا جاۋابەن ئۇنىڭدىن:
سەن مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
قارىغۇ:
ئى ئىگەم، قايتا كۆرىدىغان بولسامئىدى! ــ دېدى.
52 ئەيسا ئۇنىڭغا:
يولۇڭغا قايتساڭ بولىدۇ، ئېتىقادىڭ سېنى ساقايتتى، ــ دېۋىدى، ئۇ
شۇئان كۆرەلەيدىغان بولدى ۋە يول بويى ئەيساغا ئەگىشىپ ماڭدى.

## ئەيسانىڭ يېرۇسالېمغا تەنتەنىلىك كىرىشى

مات. 21:1-11؛ لۇقا 19:28-40؛ يۇھ. 12:12-19

11 [1-2] ئۇلار يېرۇسالېمغا يېقىنلىشىپ، زەيتۇن تېغىنىڭ
ئېتىكىدىكى بەيت-فاگى ۋە بەيت-ئانىيا يېزىلىرىغا يېقىن
كەلگىنىدە، ئۇ ئىككى مۇخلىسىغا ئالدىن ماڭدۇرۇپ ئۇلارغا:
سىلەر ئۇدۇلۇڭلاردىكى يېزىغا بېرىڭلار. يېزىغا كىرىپلا، ئادەم بالىسى
مىنىپ باقمىغان، باغلاقلىق بىر تەخەينى كۆرىسىلەر. ئۇنى يېشىپ
بۇ يەرگە يېتىلەپ كېلىڭلار. [3] ئەگەر بىرسى سىلەردىن: «نېمىشقا

**51:10 «ئى ئىگەم، قايتا كۆرىدىغان بولسامئىدى!»** ــ «ئىگەم» مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا ئىنتايىن چوڭقۇر ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدىغان «راببونى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**52:10** مات. 9:22؛ مار. 5:34.

**2-1:11 «ئادەم بالىسىنىڭ تېخى مىنىپ باقمىغان بىر تەخەي»** ــ مۇنداق ئۇلاغقا خاتىرجەم مىنىشى ئادەتتە مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

**2-1:11** مات. 1:21؛ لۇقا 29:19.
: زەب. 1:24

بۇنداق قىلىسىلەر؟» دەپ سوراپ قالسا، «رەبنىڭ بۇنىڭغا ھاجىتى
چۈشتى ۋە ئۇ ھېلىلا ئۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ» ــ دەڭلار، ــ دەپ
تاپىلىدى.
[4]ئۇلار كېتىپ ئاچا يول ئۇستىدىكى ئۆينىڭ دەرۋازىسى سىرتىدا
باغلاقلىق تۇرغان بىر تەخەينى كۆردى. ئۇلار تانىنى يەشتى. [5]ئۇ يەردە
تۇرغانلاردىن بەزىلەر:
تەخەينى يېشىپ نېمە قىلىسىلەر؟ ــ دېيىشتى. [6]مۇخلىسلار
ئەيسانىڭ بۇيرۇغىنىدەك جاۋاب بەردى، ھېلىقى كىشىلەر ئۇلارغا يول
قويدى. [7]مۇخلىسلار تەخەينى ئەيسانىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كېلىپ،
ئۈستىگە ئۆز يېپىنچا-چاپانلىرىنى تاشلىدى؛ ئۇ ئۈستىگە مىندى.
[8]ئەمدى نۇرغۇن كىشىلەر يېپىنچا-چاپانلىرىنى يولغا پاياندار
قىلىپ سالدى؛ باشقىلىرى دەرەخلەردىن شاخ-شۇمبىلارنى كېسىپ
يولغا يايدى. [9]ئالدىدا ماڭغان ۋە كەينىدىن ئەگەشكەنلەر:
«ھوسانىنا! پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچىگە مۇبارەك بولسۇن!
[10]ئاتىمىز داۋۇتنىڭ كېلىدىغان پادىشاھلىقىغا مۇبارەك بولسۇن!
ئەرشئەلادا تەشەككۇر-ھوسانىنالار ئوقۇلسۇن!» ــ دەپ ۋارقىرىشاتتى.

---

3:11 **«ئۇ ھېلىلا ئۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇ دەرھال سىلەرگە يېتىلىتىپ قويىدۇ».

4:11 **«ئۇلار كېتىپ ئاچا يول ئۇستىدىكى بىر ئۆينىڭ دەرۋازىسى سىرتىدا باغلاقلىق تۇرغان بىر تەخەينى كۆردى»** ــ ئادەتتە كوچىلار ئىنتايىن تار بولغاچقا، مال-چارۋىلار كوچىدا باغلاپ قويۇلمايتتى. تەخەينىڭ «ئاچا يول»دا باغلاقلىق بولۇشى خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇنى ئېلىپ مېڭىشى ئوغرىلىقچە ئىش بولمىسۇن دېگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**7:11** 2پاد. 13:9؛ يۇھ. 14:12.

8:11 **«...باشقىلىرى دەرەخلەردىن شاخ-شۇمبىلارنى كېسىپ يولغا يايدى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «باشقىلىرى ئېتىزلاردىن كەسكەن شاخ-شۇمبىلارنى يولغا پاياندار قىلىپ سالدى» دەپ ئوقۇلىدۇ.

**9:11** زەب. 26:118.

10:11 **«ھوسانىنا! پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچىگە مۇبارەك بولسۇن! ئاتىمىز داۋۇتنىڭ كېلىدىغان پادىشاھلىقىغا مۇبارەك بولسۇن! ئەرشئەلادا تەشەككۇر-ھوسانىنالار ئوقۇلسۇن!»** ــ بۇ سۆزلەر «زەب.» 118:25-26دىكى بېشارەتتىن ئېلىنغان. «ھوسانىنا»

[11] ئۇ يېرۇسالېمغا بېرىپ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا كىردى؛ ۋە
ئەتراپىدىكى ھەممىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ۋاقىت بىر
يەرگە بېرىپ قالغاچقا، ئون ئىككەيلەن بىللە يەنە بەيت-
ئانىياغا چىقتى.

## مېۋىسىز ئەنجۈر دەرىخىنىڭ لەنەتكە قېلىشى

مات. 21:18-19

[12] ئەتىسى، ئۇلار بەيت-ئانىيادىن چىققاندا، ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ
كەتكەنىدى. [13] يىراقتىكى يوپۇرماقلىق بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنى
بايقاپ، ئۇنىڭدىن بىرەر مېۋە تاپالارمەنمىكىن دەپ يېنىغا باردى؛
لېكىن تۈۋىگە كەلگەندە يوپۇرماقتىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالمىدى.
چۈنكى بۇ ئەنجۈر پىشىدىغان پەسىل ئەمەس ئىدى. [14] ئۇ دەرەخكە
سۆز قىلىپ:
بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ھېچكىم سەندىن مېۋە يېمىگەي! ــ دېدى.
مۇخلىسلىرىمۇ بۇنى ئاڭلىدى.

---

دېگەن سۆز «قۇتقۇزغايسەن، ئى پەرۋەردىگار» دېگەن مەنىدە. ئىنجىل دەۋرىگە كەلگەندە مەنىسى «خۇداغا تەشەككۈر-مەدھىيە»مۇ بولۇپ قالغانىدى. «زەبۇر» 118-كۈيدىكى ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ.
—ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «مۇبارەك» دېگەن سۆزنىڭ «بەخت-بەرىكەت كۆرسۇن!» ياكى «بەخت-بەرىكەتلىك بولسۇن!» دېگەن تۈپ مەنىسى بار.

11:11 **«ئۇ يېرۇسالېمغا بېرىپ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا كىردى»** ــ يېرۇسالېمدىكى بۇ چوڭ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق «تەبىرلەر» ۋە «ھاگاي»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**11:11** مات. 21:12، 14؛ لۇقا 19:45؛ يـۇھ. 2:14.

**12:11** مات. 21:18.

13:11 **«يىراقتىكى يوپۇرماقلىق بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن بىرەر مېۋە تاپالارمەنمىكىن دەپ يېنىغا باردى»** ــ قانائان (پەلەستىن)دىكى ئەنجۈر دەرەخلىرىدە يوپۇرماق بولسا، مېۋىمۇ بولۇشى كېرەك.
—بۇ ئۆنجۈر دەرىخىدە كۆرۈنگەن كارامەت مۆجىزە روھىي بىر ھەقىقەتنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئەيسانىڭ ئىبادەتخانىنى تەرتىپكە سېلىشى

مات. 21:12-17؛ لۇقا 19:45-48؛ يۇھ. 2:13-22

15 ئۇلار يېرۇسالېمغا كەلدى؛ ئۇ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا كىرىپ، ئۇ
يەردە ئېلىم-سېتىم قىلىۋاتقانلارنى ھەيدەشكە باشلىدى ۋە پۇل
تېگىشكۈچىلەرنىڭ شىرەلىرىنى، پاختەك-كەپتەر ساتقۇچىلارنىڭ
ئورۇندۇقلىرىنى ئۆرۈۋەتتى؛ 16 ۋە ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق مال-
بۇيۇملارنى ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدىن كۆتۈرۈپ ئۆتۈشىگە يول
قويمىدى. 17 ئۇ خەلققە:
مۇقەددەس يازمىلاردا: «مېنىڭ ئۆيۈم بارلىق ئەللەر ئۈچۈن دۇئا-
تىلاۋەتخانا دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن ئەمەسمۇ؟ لېكىن سىلەر
ئۇنى بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتىڭلار! ــ دەپ تەلىم
باشلىدى.
18 باش كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ
چارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى؛ پۈتكۈل خالايىق ئۇنىڭ تەلىمىگە

---

15:11 **«ئۇ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا كىرىپ...»** ــ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق: ئەينى چاغدا، يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن ئىبادەتخانىلىرى (سىناگوگلار) بولۇپ، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ كۆپ يىغىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان جايى ئىدى. خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە، پەقەت يېرۇسالېمدىكى بۇ مەركىزىي ئىبادەتخانىدىلا قۇربانلىق قىلىسا توغرا بولاتتى. **«ئۇ يەردە ئېلىم-سېتىم قىلىۋاتقانلارنى ھەيدەشكە باشلىدى ۋە پۇل تېگىشكۈچىلەرنىڭ شىرەلىرىنى، پاختەك-كەپتەر ساتقۇچىلارنىڭ ئورۇندۇقلىرىنى ئۆرۈۋەتتى»** ــ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدا سېتىلىغان ھايۋان ۋە ئۇچار-قاناتلار خەلقنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ئۈچۈن ئىدى. ئىبادەتخانىغا سەدىقە بەرگۈچىلەر پۇلنى يەرلىك پۇلغا تېگىشكەندىن كېيىن بېرىشى كېرەك ئىدى.

**15:11** مال.3:1-5؛ مات. 21:12؛ لۇقا 45:19؛ يۇھ. 14:2.

17:11 **««مېنىڭ ئۆيۈم بارلىق ئەللەر ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەتخانا دەپ ئاتىلىدۇ»... سىلەر ئۇنى بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتىڭلار!»** ــ «يەش.» 7:56 ۋە «يەر.» 11:7نى كۆرۈڭ. ئەيسانىڭ «بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسى» دېگەن سۆزى ئىككى بىسلىق بولۇپ، بىر تەرەپتىن باش كاھىنلارنىڭ سودىگەرلەرگە قۇربانلىقلارنى سېتىش ھوقۇقىنى سېتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ كاھىنلارنىڭ خەلقنىڭ خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى ئاڭلاش پۇرسىتىنى بۇلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈدىغان ھەر تۈرلۈك قائىدە-يوسۇنلارنى ئۇلارنىڭ بويىنىغا ئارتىپ قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**17:11** 1پاد. 29:8؛ يەش. 7:56؛ يەر. 11:7؛ مات. 13:21؛ لۇقا 46:19.

تەئەججۈپلىنىپ قالغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭدىن قورقاتتى.
[19] كەچقۇرۇن، ئۇ مۇخلىسلىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ
كەتتى.

## ئەنجۈر دەرىخىدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەت

[20] ئەتىسى سەھەردە، ئۇلار ئەنجۈر دەرىخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ، دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاشتى.
[21] دەرەخنىڭ ھالىتىنى ئېسىگە كەلتۈرگەن پېترۇس:
ئۇستاز، قارا، سەن قارغىغان ئەنجۈر دەرىخى قۇرۇپ كېتىپتۇ! ــ دېدى.
[22] ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
خۇدانىڭ ئىشەنچىدە بولۇڭلار. [23] مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ
قوياييكى، كىمدەكىم بۇ تاغقا: بۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ دېڭىزغا تاشلان!»
دېسە ۋە شۇنداقلا قەلبىدە ھېچ گۇمان قىلماي، بەلكى ئېيتقىنىنىڭ
ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچ بار بولسا، ئۇ ئېيتقان ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئەمەلگە ئاشىدۇ. [24] شۇ سەۋەبتىن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى،
دۇئا بىلەن تىلىگەن ھەربىر نەرسە بولسا، شۇنىڭغا ئېرىشتىم، دەپ
ئىشىنىڭلار. شۇندا، تىلىگىنىڭلار ئەمەلگە ئاشىدۇ.
[25] ۋە ئۆرنۇڭلاردىن تۇرۇپ دۇئا قىلغىنىڭلاردا، بىرەرسىگە غۇمىڭلار

---

**18:11** يەش.7:49؛ مات.46:21.

19:11 **«كەچقۇرۇن، ئۇ مۇخلىسلىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى»** ــ گرېك تىلىدا «كەچقۇرۇن، ئۇلار شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى». باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «كەچقۇرۇنلىرى، ئەيسا بىلەن مۇخلىسلىرى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەتتى». ئىشلار دەرۋەقە ھەر كۈنى شۇنداق بولاتتى.

20:11 **«دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن قۇرۇپ كەتكەن ...»** ــ بۇ كارامەت مۆجىزە روھىي بىر ھەقىقەتنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

21:11 **«ئۇستاز»** ــ گرېك تىلىدا «رابىي».

22:11 **«خۇدانىڭ ئىشەنچىدە بولۇڭلار»** ــ گرېك تىلىدا «خۇدانىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇڭلار»

**23:11** مات. 20:17؛ 21:21؛ لۇقا 6:17.

**24:11** يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ لۇقا 9:11؛ يۇھ. 13:14؛ 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1، 6؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5.

بولسا، ئۇنى كەچۈرۈڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ
سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. [26] لېكىن سىلەر
باشقىلارنى كەچۈرۈم قىلمىساڭلار، ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ سىلەرنىڭ
گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ.

## ئەيسانىڭ ھوقۇقىنىڭ سۈرۈشتۈرۈلۈشى

مات. 21:23-27؛ لۇقا 20:1-8

[27] ئۇلار يېرۇسالېمغا قايتىدىن كىردى. ئۇ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدا
ئايلىنىپ يۈرگەندە، باش كاھىنلار، تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە ئاقساقاللار
ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:
[28] — سەن قىلىۋاتقان بۇ ئىشلارنى قايسى ھوقۇققا تايىنىپ
قىلىۋاتىسەن؟ ساڭا بۇ ئىشلارنى قىلىش ھوقۇقىنى كىم بەرگەن؟ —
دەپ سورىدى.
[29] ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن:
مەنمۇ سىلەردىن بىر سوئال سوراي. سىلەر ئۇنىڭغا جاۋاب بەرسەڭلار،
مەنمۇ بۇ ئىشلارنى قايسى ھوقۇققا تايىنىپ قىلىۋاتقانلىقىمنى
ئېيتىپ بېرىمەن: [30] — يەھيا يۈرگۈزگەن چۆمۈلدۈرۈش بولسا،
ئەرشتىنمۇ، ياكى ئىنسانلاردىنمۇ؟ ماڭا جاۋاب بەرسەڭلارچۇ!
[31] ئۇلار ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىشىپ:
ئەگەر «ئەرشتىن كەلگەن» دېسەك، ئۇ بىزگە: «ئۇنداقتا، سىلەر نېمە
ئۈچۈن يەھياغا ئىشەنمىدىڭلار؟» دەيدۇ.

---

**25:11** مات. 14:6؛ كول. 13:3.

26:11 **«لېكىن سىلەر باشقىلارنى كەچۈرۈم قىلمىساڭلار، ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ 26-ئايەت تېپىلمايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ئايەت ھەقىقەتتۇر. «مات.» 6:15نى كۆرۈڭ.

**26:11** مات. 18:35.

**27:11** مات. 21:23؛ لۇقا 1:20.

**28:11** مىس. 2:14؛ روس. 4:7؛ 7:27.

31:11 **«ئۇلار ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىشىپ: — ئەگەر «ئەرشتىن كەلگەن» دېسەك، ئۇ**

32 ئەگەر: «ئىنسانلاردىن كەلگەن» دېسەك... بولمايدۇ! ــ دېيىشتى
(كۆپچىلىك يەھيانى پەيغەمبەر دەپ قارىغاچقا، ئۇلار خەلقتىن
قورقاتتى).
33 بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەيساغا:
بىلمەيمىز، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.
ئۇنداقتا، مەنمۇ بۇ ئىشلارنى قايسى هوقۇققا تايىنىپ
قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتمايمەن، ــ دېدى ئۇ ئۇلارغا.

## رەزىل ئىجارىكەشلەر ھەققىدىكى تەمسىل

مات. 21:33-46؛ لۇقا 20:9-19

12 1 ئاندىن، ئۇ ئۇلارغا تەمسىللەر بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:
بىر كىشى بىر ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىپ، ئەتراپىنى
چىتلاپتۇ؛ ئۇ بىر شاراب كۆلچىكى قېزىپتۇ ۋە بىر كۆزەت مۇنارىنى
ياساپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۈزۈمزارلىقنى باغۋەنلەرگە ئىجارىگە بېرىپ،
ئۆزى ياقا يۇرتقا كېتىپتۇ. 2 ئۈزۈم پەسلى كەلگەندە، باغۋەنلەردىن
ئۈزۈمزارلىقتىكى مېۋىلەردىن تېگىشلىكىنى ئەكېلىش ئۈچۈن بىر
قۇلىنى ئۇلارنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ.
3 لېكىن ئۇلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ دۇمبالاپ، قۇرۇق قول قايتۇرۇۋېتىپتۇ.
4 خوجايىن يەنە بىر قۇلىنى ئۇلارنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇنى بولسا
ئۇلار چالما-كېسەك قىلىپ، باش-كۆزىنى يېرىپ، ھاقارەتلەپ
قايتۇرۇۋېتىپتۇ. 5 خوجايىن يەنە بىرسىنى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن ئۇنى ئۇلار

---

**بىزگە: «ئۇنداقتا، سىلەر نېمە ئۈچۈن يەھياغا ئىشەنمىدىڭلار؟» دەيدۇ»** ــ مۇشۇ دىنىي
ئەربابلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە يەھيا پەيغەمبەرنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە جاۋابەن: «بىزگە
توۋا قىلىش كېرەك ئەمەس» دېگەن ۋە يەھيا «مېنىڭ كەينىمدە كېلىدىغان» دەپ كۆرسەتكەن
مەسىھنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈشىنى رەت قىلغانىدى، ئەلۋەتتە.

**32:11** مات. 14:5؛ مار. 6:20.

**1:12** زەب. 80:8-9؛ يەش. 5:1؛ يەر. 2:21؛ 12:10؛ مات. 21:33؛ لۇقا 20:9.

ئۆلتۇرۇپتۇ. يەنە تولا قۇللارنى ئەۋەتىپتۇ، لېكىن ئۇلار بەزىلىرىنى
دۇمبالاپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. 6 خوجايىنىنىڭ يېنىدا پەقەت ئۇنىڭ
سۆيۈملۈك بىر ئوغلىلا قالغاچقا، ئۇلار ئوغلۇمنىغۇ ھۆرمەت قىلار
دەپ، ئۇ ئۇنى ئەڭ ئاخىرى بولۇپ باغۋەنلەرنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ.
7 لېكىن شۇ باغۋەنلەر ئۆزئارا: «بۇ بولسا مىراسخور؛ كېلىڭلار،
ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، شۇنىڭ بىلەن مىراسى بىزنىڭكى بولىدۇ!»
دېيىشىپتۇ. 8 شۇڭا ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۈزۈمزارلىقنىڭ
سىرتىغا تاشلىۋېتىپتۇ. 9 ئەمدى ئۈزۈمزارلىقنىڭ خوجايىنى قانداق
قىلىدۇ؟ ئۇ ئۆزى كېلىپ باغۋەنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۈزۈمزارلىقنى
باشقىلارغا بېرىدۇ. 10 ئەمدى سىلەر مۇقەددەس يازمىلاردىن مۇنۇ
ئايەتنى ئوقۇپ باقمىغانمۇسىلەر؟ ــ

«تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش بولسا،
بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەندى.
11 بۇ ئىش پەرۋەردىگاردىندۇر،
بۇ كۆزىمىز ئالدىدا كارامەت بىر ئىشتۇر»

12 ئۇلار ئۇنىڭ بۇ تەمسىلنى ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئېيتقانلىقىنى
چۈشەندى؛ شۇڭا ئۇلار ئۇنى تۇتۇش يولىنى ئىزدەشتى؛ ھالبۇكى،
خالايىقتىن قورقۇشۇپ، ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

---

**7:12** يار. 18:37؛ زەب. 8:2؛ مات. 3:26؛ يۇھ. 53:11

**10:12 «تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش بولسا، بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەندى» ــ** «بۇرجەك تېشى» بولسا ھەرقانداق ئىمارەتنىڭ ئۇلىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇيۇلتاش بولۇپ، ئۇل سېلىنغاندا بىرىنچى بولۇپ قويۇلىدىغان تاشتۇر. يەھۇدىي كاتىپلىشلار «روھىي ھايات»نىڭ بۇرجەك تېشى بولغان مەسىھنى تاشلىشىۋەتمەكچى ئىدى، ۋە دەرۋەقە تاشلىۋەتتى.

**10:12** زەب. 118:22-23؛ يەش. 28:16؛ مات. 21:42؛ لۇقا 20:17؛ روس. 4:11؛ رىم. 9:33؛ 1پېت. 2:6.

**11:12 «... بۇ ئىش پەرۋەردىگاردىندۇر، بۇ كۆزىمىز ئالدىدا كارامەت بىر ئىشتۇر» ــ** تولۇق بېشارەت (10-11) «زەب.» 118:22-23دە تېپىلىدۇ.

**11:12** زەب. 118:22، 23

## «قەيسەرگە باج تاپشۇرامدۇق؟» دېگەن قىلتاق

مات. 22:15-22؛ لۇقا 20:20-26

[13]شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار بىرنەچچە پەرىسىي ۋە ھېرودنىڭ
تەرەپدارلىرىنى ئۇنى ئۆز سۆزى بىلەن قىلتاققا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە
ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. [14]ئۇلار كېلىپ ئۇنىڭغا: ــ ئۇستاز، سىلىنى
سەمىمىي ئادەم، ئادەملەرگە قەتئىي يۈز-خاتىرە قىلمايدۇ، ھېچكىمگە
يان باسمايدۇ، بەلكى كىشىلەرگە خۇدانىڭ يولىنى سادىقلىق بىلەن
ئۆگىتىپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ بىلىمىز. سىلىچە، رىم ئىمپېراتورى
قەيسەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇش تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ-يوق؟
[15]زادى باج تاپشۇرامدۇق-تاپشۇرمامدۇق؟ ــ دېيىشتى.
لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ساختىپەزلىكىنى بىلىپ ئۇلارغا:
نېمىشقا مېنى سىنىماقچىسىلەر؟ ماڭا بىر «دىنار» پۇلنى
ئەكېلىڭلار، مەن كۆرۈپ باقاي، ــ دېدى.

---

13:12 **«ھېرود پادىشاھنىڭ تەرەپدارلىرى»** ــ ھېرود پادىشاھ رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇ يەھۇدىي بولمىغاچقا يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. شۇنداق بولغىنى بىلەن ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، ئۇنى قوللايدىغان «ھېرود تەرەپدارلىرى» بار ئىدى.
—«ھېرودلار» توغرۇلۇق «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
**13:12** مات. 22:15؛ لۇقا 20:20.

14:12 **«قەيسەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇش...»** ــ رىمنىڭ ھەربىر ئىمپېراتورىغا «قەيسەر» دېگەن نام-ئۇنۋان بېرىلەتتى؛ مەسىلەن قەيسەر ئاۋغۇستۇس، قەيسەر يۇلىئۇس، قەيسەر تىبېرىئۇس قاتارلىقلار. **«قەيسەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇش تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ-يوق؟»** ــ ئەينى ۋاقىتتا، يەھۇدىيلار رىملىقلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ياشاۋاتقانىدى. ئەگەر ئەيسا: «رىم ئىمپېراتورىغا باج تاپشۇرۇش توغرا» دېسە، بۇ گەپتىن ئازادلىقنى ئىستىگەن يەھۇدىيلار ئۇنى «مانا تازا بىر يالاقچى، خائىن ئىكەن» دەپ تىللىشاتتى. «باج تاپشۇرماسلىق كېرەك» دېگەن بولسا، ئۇ رىم ئىمپېرىيەسىگە قارشى چىققان بولاتتى؛ ئاندىن ئۇلار ئۇنى رىم ۋالىيسىغا ئەرز قىلغان بولاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق ئەيسانى گېپىدىن تۇتۇۋېلىپ، رىملىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇشقان.

15:12 **«ماڭا بىر «دىنار» پۇلنى ئەكېلىڭلار، مەن كۆرۈپ باقاي»** ــ «دىنار» ياكى «دىنارىئۇس» دېگەن رىم ئىمپېرىيەسىدىكى بىرخىل پۇل بىرلىكى بولۇپ، ئۈستىگە قەيسەرنىڭ سۈرىتى بېسىلغانىدى، ئەلۋەتتە. بىر «دىنارىئۇس» تەخمىنەن بىر ئادەمنىڭ كۈنلۈك ھەققى

16 ئۇلار پۇلنى ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئۇلاردىن:
بۇنىڭ ئۈستىدىكى سۈرەت ۋە نام-ئىسىم كىمنىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.
قەيسەرنىڭ، ــ دېيىشتى ئۇلار.
17 ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن: ــ ئۇنداق بولسا، قەيسەرنىڭ ھەققىنى
قەيسەرگە، خۇدانىڭ ھەققىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار، ــ دېدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران قېلىشتى.

## تىرىلىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە

مات. 22:23-33؛ لۇقا 20:27-40

18 ئاندىن «ئۆلگەنلەر تىرىلمەيدۇ» دەيدىغان سادۇقىيلار ئۇنىڭ
ئالدىغا كېلىپ قىستاپ سوئال قويدى:
19 ــ ئۇستاز، مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتا بىزگە: «بىر كىشى ئۆلۈپ
كېتىپ، ئايالى تۇل قېلىپ، پەرزەنت كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئاكا
ياكى ئىنىسى تۇل قالغان يەڭگىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، قېرىندىشى
ئۈچۈن نەسىل قالدۇرۇشى لازىم» دەپ يازغان. 20 بۇرۇن يەتتە ئاكا-ئۇكا
بار ئىدى. چوڭى ئۆيلىنىپ پەرزەنت قالدۇرمايلا ئۆلدى. 21 ئىككىنچى

---

بولاتتى («مات.» 20:2نى كۆرۈڭ).

**16:12** مات. 25:17؛ رىم. 7:13؛ يار. 26:1

**17:12 «قەيسەرنىڭ ھەققىنى قەيسەرگە، خۇدانىڭ ھەققىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار»** ــ دېمەك، «قەيسەرگە قەيسەرنىڭ ھەققى (ئۇنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن نەرسە)نى تاپشۇرۇڭلار» ــ قەيسەرگە باج تۆلەش كېرەك. ئەمما قانداق نەرسە ئۈستىدە «خۇدانىڭ سۈرىتى» بار؟ ئىنسان ئۆزى «خۇدانىڭ سۈرىتى» بولۇپ، بىز پۈتۈنمىزنى خۇداغا تاپشۇرىشىمىز كېرەكتۇر («يار.» 1:26-27نى كۆرۈڭ).

**17:12** مات. 25:17؛ 21:22؛ رىم. 7:13.

**18:12 «سادۇقىيلار»** ــ بۇ مەزھەپدىكىلەر توغرۇلۇق «مات.» 1:16دىكى ئىزاھاتنى ۋە «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**18:12** مات. 23:22؛ لۇقا 27:20؛ روس. 8:23.

**19:12 «بىر كىشى ئۆلۈپ كېتىپ...»** ــ گرېك تىلىدا «بىرسىنىڭ ئاكىسى ياكى ئۇكىسى ئۆلسە،...». **«ئۇنىڭ ئاكا ياكى ئىنىسى تۇل قالغان يەڭگىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، قېرىندىشى ئۈچۈن نەسىل قالدۇرۇشى لازىم»** ــ «قان.» 5:25.

**19:12** يار. 8:38؛ قان. 5:25، 6.

قېرىندىشى يەڭگىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇمۇ پەرزەنت كۆرمەي
ئۆلدى. ئۈچىنچىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭكىگە ئوخشاش بولدى. [22] شۇ
تەرىقىدە يەتتىسى ئوخشاشلا ئۇنى ئېلىپ پەرزەنت كۆرمەي كەتتى.
ئاخىردا، ئۇ ئايالمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. [23] ئەمدى تىرىلىش كۈنىدە
ئۇلار تىرىلگەندە، بۇ ئايال قايسىسىنىڭ ئايالى بولىدۇ؟ چۈنكى
يەتتىسىنىڭ ھەممىسى ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغان-دە! ــ دېيىشتى.
[24] ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
سىلەر نە مۇقەددەس يازمىلارنى نە خۇدانىڭ قۇدرىتىنى
بىلمىگەنلىكىڭلار سەۋەبىدىن مۇشۇنداق ئازغان ئەمەسمۇسىلەر؟
[25] چۈنكى ئۆلۈمدىن تىرىلگەندە ئىنسانلار ئۆيلەنمەيدۇ، ئەرگە
تەگمەيدۇ، بەلكى ئەرشتىكى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ.
[26] ئەمدى ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى مەسىلىسى ھەققىدە تەۋراتتا، يەنى
مۇساغا چۈشۈرۈلگەن كىتابتىكى «تىكەنلىك» ۋەقەسىدە، خۇدانىڭ
ئۇنىڭغا قانداق ئېيتقىنىنى، يەنى: «مەن ئىبراھىمنىڭ خۇداسى،
ئىسھاقنىڭ خۇداسى ۋە ياقۇپنىڭ خۇداسىدۇرمەن!» دېگىنىنى ئوقۇم
ىدىڭلارمۇ؟ [27] ئۇ ئۆلۈكلەرنىڭ خۇداسى ئەمەس، بەلكى تىرىكلەرنىڭ
خۇداسىدۇر! شۇڭا سىلەر قاتتىق ئېزىپ كەتكەنسىلەر!

## ئەڭ مۇھىم ئەمر

مات. 22:34-40؛ لۇقا 10:25-28

[28] ئۇلارغا يېقىن كەلگەن، مۇنازىرىلەشكەنلىرىنى ئاڭلىغان ۋە
ئەيسانىڭ ئۇلارغا ياخشى جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆرگەن بىر تەۋرات

25:12 مات. 22:30؛ 1يۇھ. 2:3.

26:12 **«مەن ئىبراھىمنىڭ خۇداسى، ئىسھاقنىڭ خۇداسى ۋە ياقۇپنىڭ خۇداسىدۇرمەن!»** ــ «مىس.» 3:6.

26:12 مىس. 3:6، 15؛ مات. 22:31، 32؛ روس. 7:32؛ ئىبر. 11:16.

27:12 **«ئۇ ئۆلۈكلەرنىڭ خۇداسى ئەمەس، بەلكى تىرىكلەرنىڭ خۇداسىدۇر!»** ــ ئەيسانىڭ بۇ سۆزى توغرۇلۇق «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

ئۇستازى ئۇنىڭدىن:
پۈتۈن ئەمرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى قايسى؟ ــ دەپ سورىدى.
[29] ئەيسا مۇنداق جاۋاب بەردى:
ئەڭ مۇھىم ئەمر شۇكى، «ئاڭلىغىن، ئەي ئىسرائىل! پەرۋەردىگار
خۇدايىمىز بولغان رەب بىردۇر. [30] پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن
قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن
سۆيگىن». مانا بۇ ئەڭ مۇھىم ئەمر. [31] ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان
ئىككىنچى ئەمر بولسا: ــ «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي».
ھېچقانداق ئەمر بۇلاردىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ.
[32] تەۋرات ئۇستازى ئۇنىڭغا: ــ توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇستاز، ھەقىقەت
بويىچە سۆزلىدىڭىز؛ چۈنكى ئۇ بىردۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسى يوقتۇر؛
[33] ئىنساننىڭ ئۇنى پۈتۈن قەلبى، پۈتۈن ئەقلى، پۈتۈن جېنى ۋە پۈتۈن
كۈچى بىلەن سۆيۈشى ھەم قوشنىسىنىمۇ ئۆزىنى سۆيگەندەك
سۆيۈشى بارلىق كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ھەم باشقا قۇربانلىق-
ھەدىيەلەردىنمۇ ئارتۇقتۇر.
[34] ئەيسا ئۇنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن جاۋاب بەرگىنىنى كۆرۈپ:
سەن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدىن يىراق ئەمەسسەن، ــ دېدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، ھېچكىم ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا پېتىنالمىدى.

## قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ـ داۋۇتنىڭ ئوغلى ھەم رەببى

مات. 22:41-46؛ لۇقا 20:41-44

[35] ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدا تەلىم بەرگەندە، ئەيسا بۇلارغا جاۋابەن
مۇنداق سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى:

**28:12** مات. 22:34؛ لۇقا 10:25.
**29:12** قان. 4:35؛ 6:4-5؛ 10:12؛ لۇقا 10:27.
**31:12** لاۋ. 19:18؛ مات. 22:39؛ رىم. 13:9؛ گال. 5:14؛ ياق. 2:8.
32:12 **«چۈنكى ئۇ بىردۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسى يوقتۇر»** ــ «ئۇ» خۇدانى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە
**34:12** قان. 4:35؛ 6:4-5؛ يەش. 45:21

تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ مەسىھنى «داۋۇتنىڭ ئوغلى» دېگىنىنى
قانداق چۈشىنىسىلەر؟ [36]چۈنكى داۋۇت ئۆزى مۇقەددەس روھتا
مۇنداق دېگەنغۇ: —
«پەرۋەردىگار مېنىڭ رەببىمگە ئېيتتىكى: —
«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلغۇچە،
مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن!»».
[37]داۋۇت مەسىھنى شۇنداق «رەببىم» دەپ ئاتىغان تۇرسا، ئەمدى
مەسىھ قانداقمۇ داۋۇتنىڭ ئوغلى بولىدۇ؟
ئۇ يەردىكى توپ-توپ خەلق ئۇنىڭ سۆزىنى خۇرسەنلىك بىلەن
ئاڭلايتتى.

## ئەيسانىڭ تەۋرات ئۇستازلىرىنى ئەيىبلىشى

مات. 23:1-36؛ لۇقا 20:45-47

[38]ئۇ ئۇلارغا تەلىم بەرگىنىدە مۇنداق دېدى:
تەۋرات ئۇستازلىرىدىن ھوشيار بولۇڭلار. ئۇلار ئۇزۇن تونلارنى
كىيىۋالغان ھالدا كېرىلىپ يۈرۈشكە، بازارلاردا كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا

---

35:12 **«بۇلارغا جاۋابەن مۇنداق سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى»** — گرېك تىلىدا «مۇنداق جاۋاب بەردى: —». **«داۋۇتنىڭ ئوغلى»** — مۇشۇ يەردە «داۋۇتنىڭ ئەۋلادى»نى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**35:12** مات. 22:41؛ لۇقا 20:41.

36:12 **«پەرۋەردىگار مېنىڭ رەببىمگە ئېيتتىكى: — *«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلغۇچە، مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن!»** — زەب.» 110:1.

**36:12** زەب. 110:1؛ روس. 2:34؛ 1كور. 15:25؛ ئىبر. 1:13؛ 10:13.

37:12 **«داۋۇت مەسىھنى شۇنداق «رەببىم» دەپ ئاتىغان تۇرسا، ئەمدى مەسىھ قانداقمۇ داۋۇتنىڭ ئوغلى بولىدۇ؟»** — دېمەك، قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ داۋۇت مەسىھنى «رەببىم» دېگەن يەردە مەسىھ داۋۇتتىن ئۇلۇغ بولىدۇ، ھەم تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا «رەب» سۈپىتىدە ئىدى.

بولغان ئۆزۈن سالاملىرىغا، [39] سىناگوگلاردا ئالدىنقى ئورۇنلاردا،
زىياپەتلەردە تۆردە ئولتۇرۇشقا ئامراق كېلىدۇ. [40] ئۇلار تۇل ئاياللارنىڭ
بارلىق ئۆي-بىساتلىرىنى يەۋالىدۇ ۋە كۆز-كۆز قىلىپ يالغاندىن
ئۇزۇندىن-ئۇزۇن دۇئالار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تارتىدىغان جازاسى تېخىمۇ
ئېغىر بولىدۇ!

## تۇل ئايالنىڭ ئىئانىسى

لۇقا 21:1-4

[41] ئۇ ئىبادەتخانىدىكى سەدىقە ساندۇقىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ،
ئۇنىڭغا پۇللىرىنى تاشلاۋاتقان خالايىققا قاراپ تۇراتتى. نۇرغۇن بايلار
ئۇنىڭغا خېلى كۆپ پۇل تاشلاشتى. [42] نامرات بىر تۇل ئايالمۇ كېلىپ،
تىيىننىڭ تۆتتىن بىرى قىممىتىدىكى ئىككى لەپتوننى تاشلىدى.

[43] ئۇ مۇخلىسلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ نامرات تۇل
ئايالنىڭ ئىئانە ساندۇقىغا تاشلىغىنى باشقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
تاشلىغانلىرىدىن كۆپتۇر. [44] چۈنكى باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېشىپ
تاشقانلىرىدىن سەدىقە قىلدى؛ لېكىن بۇ ئايال نامرات تۇرۇپمۇ،

---

**38:12 «تەۋرات ئۇستازلىرى... بازارلاردا كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۆزۈن سالاملىرىغا... ئامراق كېلىدۇ»** — «ئۇزۇن» دېگەن سۆز گرېكچە تېكىستتە يوق؛ تارىخ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن ئۇلارغا قىلغان «سالاملار»نى ئىنتايىن ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ دەپ بىلىمىز.

**38:12** مات. 5:23، 6؛ لۇقا 43:11؛ 46:20.

**40:12** مات. 14:23؛ لۇقا 47:20؛ 2تىم. 6:3؛ تىت. 11:1.

**41:12 «سەدىقە ساندۇقى»** — گرېك تىلىدا بۇ سۆز ئادەتتە «خەزىنە»نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن مۇشۇ يەردە ئىبادەتخانىدىكى خەزىنە ئۈچۈن سەدىقىلەر يىغىلىدىغان جاي، بەلكىم چوڭ بىر ساندۇقنى كۆرسەتسە كېرەك.

**41:12** 2پاد. 10:12؛ لۇقا 1:21.

**42:12 «ئىككى لەپتون»** — «لەپتون» دېگەن بۇ پۇل «دىنارىئۇس»نىڭ 1/128ى بولۇپ، بىر ئىشلەمچىنىڭ «ئالتە مىنۇت»لۇق ھەققىگە توغرا كېلەتتى.

**43:12** 2كور. 12:8.

ئۆزىنىڭ بار-يوقىنى ــ تىرىكچىلىك قىلىدىغىنىنىڭ ھەممىسىنى
سەدىقە قىلىپ تاشلىدى.

## ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن بېشارەت؛ ئاخىرقى زامانلاردىكى ئالامەتلەر

مات. 24:1-44؛ لۇقا 21:5-33

13 [1] ئۇ ئىبادەتخانىدىن چىقىۋاتقاندا، مۇخلىسلىرىدىن بىرى
ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، قارا، بۇ نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك تاشلار ۋە ئىمارەتلەر-ھە! ــ
دېدى.
[2] ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:
سەن بۇ ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ بىر تال تاشمۇ تاش
ئۈستىدە قالمايدۇ، ھەممىسى قالدۇرۇلماي گۇمران قىلىنىدۇ، ــ
دېدى.
[3] ئۇ زەيتۇن تېغىدا، يەنى ئىبادەتخانىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغاندا،
پېترۇس، ياقۇپ، يۇھاننا ۋە ئاندىرىياسلار ئۇنىڭدىن ئاستىغىنا:
[4] ــ بىزگە ئېيتقىنچۇ، بۇ ئىشلار قاچان يۈز بېرىدۇ؟ بۇ بارلىق
ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان نېمە ئالامەت
بولىدۇ؟ ــ دەپ سوراشتى.
[5] ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى:
ھېزى بولۇڭلاركى، ھېچكىم سىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن. [6] چۈنكى
نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ نامىمدا كېلىپ: «مانا ئۆزۈم شۇدۇرمەن!»

**1:13** مات. 24:1؛ لۇقا 21:5.
**2:13** 1پاد. 9:7، 8؛ مىك. 3:12؛ لۇقا 19:44.
**3:13** مات. 24:3؛ لۇقا 21:7.
**4:13** روس. 1:6.
**5:13** يەر. 29:8؛ ئەف. 5:6؛ 2تېس. 2:2، 3؛ 1يۇھ. 4:1.

**دەپ، كۆپ ئادەملەرنى ئازدۇرىدۇ. [7] سىلەر ئۇرۇش خەۋەرلىرى ۋە ئۇرۇش**
**شەپىلىرىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا، بۇلاردىن ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭلار؛**
**چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر. لېكىن بۇ زامان ئاخىرى**
**يېتىپ كەلگەنلىكى ئەمەس. [8] چۈنكى بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت**
**بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ، بىر پادىشاھلىق يەنە بىر پادىشاھلىق**
**بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ. جاي-جايلاردا يەر تەۋرەشلەر يۈز بېرىدۇ،**
**ئاچارچىلىقلار ۋە قالايمىقانچىلىقلار بولىدۇ. مانا بۇ ئىشلارنىڭ يۈز**
**بېرىشى «تۇغۇتنىڭ تولغىقىنىڭ باشلىنىشى» بولىدۇ، خالاس.**
**[9] سىلەر بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا پەخەس بولۇڭلار؛ چۈنكى كىشىلەر**
**سىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ سوت مەھكىمىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ،**
**سىناگوگلاردا قامچىلىنىسىلەر. سىلەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەمىرلەر**
**ۋە پادىشاھلار ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن بىر گۇۋاھلىق**
**بولسۇن دەپ سوراققا تارتىلىسىلەر. [10] لېكىن بۇلاردىن ئاۋۋال خۇش**
**خەۋەر پۈتكۈل ئەللەرگە جاكارلىنىشى كېرەك. [11] ئەمدى ئۇلار سىلەرنى**

6:13 **«مانا ئۆزۈم شۇدۇرمەن»** — «مانا ئۆزۈم مەسىھدۇرمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**6:13** يەر. 14:14؛ 21:23.

8:13 **«بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ، بىر پادىشاھلىق يەنە بىر پادىشاھلىق بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ»** — ئىبرانىي تىلىدا (شۇنداقلا گرېك تىلىدا) بۇ ئىبارە دۇنيا بويىچە كېڭەيگەن ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («يەش.» 2:19، «2تار.» 3:15-6دە بۇ تۇراقلىق ئىبارە توغرۇلۇق مىساللار بار. **«مانا بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى «تۇغۇتنىڭ تولغىقىنىڭ باشلىنىشى» بولىدۇ، خالاس»** — ئەيسا مەسىھ قايسى ئىشنىڭ «تۇغۇلىدۇ»غانلىقىنى بىۋاستە دېمەيدۇ. تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە قارىغاندا، بۇنى يېڭى دەۋرنىڭ تۇغۇلۇشى دەپ قارايمىز.

**8:13** يەش. 2:19.

9:13 **«سوت مەھكىمىلىرى»** — گرېك تىلىدا «سانھېدرىنلار». يەھۇدىيلارنىڭ مەھكىمىلىرىنى ۋە بەلكىم باشقا ھەرخىل سوراقخانىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**9:13** مات. 17:10؛ 9:24؛ لۇقا 12:21؛ يۇھ. 19:15؛ 2:16؛ ۋەھ. 10:2.

10:13 **«بۇلاردىن ئاۋۋال خۇش خەۋەر پۈتكۈل ئەللەرگە جاكارلىنىشى كېرەك»** — «ئاۋۋال» دېگەن سۆزگە قارىغاندا، خۇش خەۋەرنىڭ ھەر جايغا جاكارلىنىشى زامانىنىڭ ئاخىرىدىن ئاۋۋال، شۇنداقلا بەلكىم 9-ئايەتتە ئېيتىلغان ناھايىتى ئېغىر زىيانكەشلىكتىن ئاۋۋال بولۇشى مۇمكىن («مات.» 14:24نى كۆرۈڭ).

ئاپىرىپ سوراقۇا تاپشۇرغاندا، نېمە دېيىش ھەققىدە نە ئەندىشە نە
مۇلاھىزە قىلماڭلار، بەلكى شۇ ۋاقىت-سائەتتىدە سىلەرگە قايسى
گەپ بېرىلسە، شۇنى ئېيتىڭلار؛ چۈنكى سۆزلىگۈچى سىلەر ئەمەس،
مۇقەددەس روھتۇر. [12] قېرىنداش قېرىندىشىغا، ئاتا بالىسىغا
خائىنلىق قىلىپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ. باللىرمۇ ئاتا-ئانىسى
بىلەن زىتلىشىپ، ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدۇرىدۇ. [13] شۇنداقلا
سىلەر مېنىڭ نامىم تۈپەيلىدىن ھەممە ئادەمنىڭ نەپرىتىگە
ئۇچرايسىلەر، لېكىن ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرگەنلەر قۇتقۇزۇلىدۇ.

## يېرۇسالېمدا ۋەيران قىلغۇچى «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» پەيدا بولىدۇ؛ «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»

[14] «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نىڭ ئۆزى تۇرۇشقا
تېگىشلىك بولمىغان يەردە تۇرغىنىنى كۆرگىنىڭلاردا، (كىتابخان بۇ
سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەي) يەھۇدىيە ئۆلكىسىدە تۇرۇۋاتقانلار
تاغلارغا قاچسۇن. [15] ئۆگزىدە تۇرغان كىشى ئۆيىگە چۈشمەي
ياكى ئۆيىدىكى بىرەر نېمىنى ئالغىلى ئىچىگە كىرمەي قاچسۇن.
[16] ئېتىزلاردا تۇرۇۋاتقان كىشى بولسا چاپىنىنى ئالغىلى ئۆيىگە
يانمىسۇن. [17] ئۇ كۈنلەردە ھامىلىدار ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقانلارنىڭ
ھالىغا ۋاي! [18] قاچىدىغان ۋاقتىڭلارنىڭ قىشقا توغرا كېلىپ
قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار. [19] چۈنكى ئۇ چاغدا خۇدا ياراتقان

**11:13** مات. 19:10؛ لۇقا 11:12؛ 4:21.

**12:13** ئەز. 21:38؛ مك. 6:7.

**13:13** مات. 22:10؛ 13:24؛ لۇقا 19:21؛ ۋەھ. 2:7، 10.

14:13 **«ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»** ــ بۇنىڭ توغرىسىدا تەۋرات «دان.» 9:24-27نى ۋە ئۇ توغرۇلۇق ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

**14:13** دان. 27:9؛ مات. 15:24؛ لۇقا 20:21، 21؛ 2تېس. 4:2

17:13 **«ئۇ كۈنلەردە ھامىلىدار ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!»** ــ ئۇنداق كىشىلەرگە قېچىش ئەپسىز بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

18:13 **«قاچىدىغان ۋاقتىڭلارنىڭ قىشقا توغرا كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار»**

دۇنيانىڭ ئاپرىدە قىلىنغاندىن بۇيان مۇشۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ
باقمىغان ھەم كەلگۈسىدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان زور ئازاب-ئوقۇبەت
بولىدۇ. [20] ئەگەر پەرۋەردىگار ئۇ كۈنلەرنى ئازايتمىسا، ھېچقانداق
ئەت ئىگىسى قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن ئۇ ئۆز تاللىغانلىرى ئۈچۈن ئۇ
كۈنلەرنى ئازايتىدۇ. [21] ئەگەر ئۇ چاغدا بىرسى سىلەرگە: «قاراڭلار،
بۇ يەردە مەسىھ بار!» ياكى «قاراڭلار، ئۇ ئەنە ئۇ يەردە!» دېسە،
ئىشەنمەڭلار. [22] چۈنكى ساختا مەسىھلەر ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر
مەيدانغا چىقىدۇ، مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلەرنى
كۆرسىتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئەگەر مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئۇلار
ھەتتا خۇدا تاللىغانلارنى ھەم ئازدۇرىدۇ. [23] شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر
ھوشيار بولۇڭلار. مانا، مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە
ئالدىنئالا ئۇقتۇرۇپ قويدۇم.

## ئىنسانئوغلىنىڭ كېلىشى

[24] ئەمدى شۇ كۈنلەردە، شۇ ئازاب-ئوقۇبەت ئۆتۈپ كەتكەن ھامان،
قۇياش قارىيىدۇ، ئاي يورۇقلۇقىنى بەرمەيدۇ، [25] يۇلتۇزلار

---

ــ يەھۇدىي دىنىي ئەرбابلارنىڭ تەۋرات قانۇنىغا بولغان چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، يەھۇدىيلار ئادەتتە شابات (دەم ئېلىش) كۈنىدە شەھەر دەرۋازىسى ۋە دۇكانلارنى تاقىشى كېرەك. بۇ كۈنى سەپەر قىلىش مەنئى قىلىنغان بولغاچقا، پەلەستىندە تۇرغانلارغا نىسبەتەن يىمەكلىك سېتىۋېلىش ۋە باشقا يەرلەرگە قېچىش ئىنتايىن قولايسىز بولىدۇ.
ــ«قىش»تا يەھۇدىيەدە دەريا-ۋادىلاردا سۇ پات-پات تېشىپ تۇرغاچقا، قىشتىمۇ قېچىش ئىنتايىن تەس بولىدۇ.

**19:13** مات. 21:24

**20:13 «ئۇ ئۆز تاللىغانلار ئۈچۈن»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇ تاللىغان تاللىغانلىرى ئۈچۈن» دېگەنلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ــ خۇدا ئۆزىنىڭ تاللىغانلىرىغا باغلىغان مۇھەببىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

**21:13 ««قاراڭلار، بۇ يەردە مەسىھ بار!» ياكى «قاراڭلار، ئۇ ئەنە ئۇ يەردە!» دېسە، ئىشەنمەڭلار»** ــ «ئۇ» ــ مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

**21:13** مات. 23:24؛ لۇقا 8:21.

**22:13** قان. 2:13؛ 2تېس. 11:2.

**24:13** يەش. 10:13؛ ئەز. 7:32؛ يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ مات. 29:24؛ لۇقا 25:21؛ ۋەھ. 12:6.

ئاسماندىن تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ، ئاسماندىكى كۈچلەر لەرزىگە
كېلىدۇ. [26] ئاندىن كىشىلەر ئىنسانئوغلىنىڭ ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرەت
ۋە شان-شەرەپ بىلەن بۇلۇتلار ئىچىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.
[27] ئۇ ئۆز پەرىشتىلىرىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ تاللىغانلىرىنى
دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن، زېمىننىڭ چەتلىرىدىن ئاسماننىڭ
چەتلىرىگىچە يىغىپ جەم قىلىدۇ.

## ئەنجۈر دەرىخىدىن ساۋاق ئېلىش

[28] — ئەنجۈر دەرىخىدىن مۇنداق تەمسىلنى بىلىۋېلىڭلار: — ئۇنىڭ
شاخلىرى كۆكىرىپ يوپۇرماق چىقارغاندا، يازنىڭ يېقىنلاپ
قالغانلىقىنى بىلىسىلەر. [29] خۇددى شۇنىڭدەك، مەن بايا
دېگەنلىرىمنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭلاردا، ئۇنىڭ
يېقىنلاپ قالغانلىقىنى، ھەتتا ئىشىك ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى
بىلىۋېلىڭلار.
[30] مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ ئالامەتلەرنىڭ
ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي تۇرۇپ، بۇ دەۋر ئۆتمەيدۇ.

---

25:13 **«يۇلتۇزلار ئاسماندىن تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ، ئاسماندىكى كۈچلەر لەرزىگە كېلىدۇ»** — «يەش.» 10:13، 4:34؛ «يو.» 10:2نى كۆرۈڭ. «ئاسماندىكى كۈچلەر» بەلكىم بارلىق جىن-شەيتانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «لەرزىگە كېلىدۇ» بەلكىم ئۇلارنىڭ كۈچتىن قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**25:13** يەش. 10:13؛ 4:34.

26:13 **«ئاندىن كىشىلەر ئىنسانئوغلىنىڭ ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرەت ۋە شان-شەرەپ بىلەن بۇلۇتلار ئىچىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ»** — «دان.» 13:7نى كۆرۈڭ.

**26:13** دان. 10:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ مار. 62:14؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 16:4؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

27:13 **«دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن»** — گرېك تىلىدا «تۆت شامالدىن» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**28:13** مات. 32:24؛ لۇقا 29:21.

29:13 **«مەن بايا دېگەنلىرىمنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭلاردا، ئۇنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى، ھەتتا ئىشىك ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار»** — بۇ تېكىستتىكى «ئۇنىڭ (يېقىنلاپ قالغانلىقى)» ياكى ئىنسانئوغلىنىڭ ئۆزىنى، ياكى كېلىدىغان كۈننى، ياكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدۇ («لۇقا» 31:21).

30:13 **«ۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي تۇرۇپ، بۇ دەۋر ئۆتمەيدۇ»** —

[31] ئاسمان-زېمىن يوقىلىدۇ، بىراق مېنىڭ سۆزلىرىم ھەرگىز
يوقالمايدۇ.

## ھوشيار بولۇڭلار

[32] لېكىن شۇ كۈنى ياكى ۋاقىت-سائەتنى توغرۇلۇق خەۋەرنى ھېچكىم
بىلمەيدۇ ــ ھەتتا نە ئەرشتىكى پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدۇ، نە ئوغۇل
بىلمەيدۇ، ئۇنى پەقەت ئاتىلا بىلىدۇ. [33] ھوشيار بولۇڭلار، سەگەك بولۇپ
دۇئا قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ ۋاقىت-سائەتنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى
بىلمەيسىلەر. [34] بۇ خۇددى ياقا يۇرتقا چىقماقچى بولغان ئادەمنىڭ
ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئۇ قۇللىرىغا ئۆز
ھوقۇقىنى بېكىتىپ، ھەربىرىگە ئۆز ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ ۋە
دەرۋازىۋەنىنىڭمۇ سەگەك بولۇشنى تاپىلايدۇ. [35] شۇنىڭدەك، سىلەرمۇ
سەگەك بولۇڭلار؛ چۈنكى ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ قايتىپ كېلىدىغان
ۋاقتىنىڭ ــ كەچقۇرۇنمۇ، تۈن يېرىمىمۇ، خوراز چىللىغان ۋاقتىمۇ
ياكى سەھەر ۋاقتىمۇ ــ ئۇنى بىلەلمەيسىلەر؛ [36] ئۇ تۇيۇقسىز كەلگەندە،
سىلەرنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىڭلارنىڭ ئۈستىگە چۈشمىسۇن! [37] سىلەرگە
ئېيتقىنىمنى مەن ھەممەيلەنگە ئېيتىمەن: سەگەك تۇرۇڭلار!

---

ئەگەر تىلغا ئېلىنغان ئالامەت يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران بولۇشىغا (مىلادىيە 70-يىلى) (2:13) قارىتىلغان بولسا، ئۇنداقتا «دەۋر» دېگەن سۆز تەبىئىيكى (1) ئەيسانىڭ دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىگە (26:13) قارىتىلغان بولسا، «دەۋر» دېگەن سۆز بەلكىم (2) پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىنى (3) بۇ ئايەتلەردە ئېيتىلغان «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىكى ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىش دەۋرىدە ياشىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بارلىق ۋەقەلەر شۇ دەۋر ئىچىدە يۈز بېرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بىزنىڭچە (3)-شەرھ ئالدى-كەينى ئايەتلەرگە ئەڭ باپ كېلىدۇ.

**31:13** زەب. 102:25-27؛ يەش. 40:8؛ 51:6؛ ئىبر. 1:11.

**32:13** مات. 24:36؛ روس. 1:7.

**33:13** مات. 24:42؛ 25:13؛ لۇقا 12:40؛ 21:36؛ 1تېس. 5:6.

## رەھبەرلەرنىڭ سۈيىقەست قىلىشى

مات. 26:1-5؛ لۇقا 22:1-2؛ يـۇھ. 11:45-53

14 1 «ئۆتۈپ كېتىش» ھېيتى ۋە «پېتىر نان ھېيتى»غا ئىككى
كۈن قالغانىدى. باش كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى ئۇنى
ھىيلە-نەيرەڭ بىلەن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيتتى.
2 چۈنكى ئۇلار:
بۇ ئىش ھېيت-ئايەم كۈنلىرى قىلىنمىسۇن. بولمىسا، خەلق ئارىسىدا
مالىمانچىلىق چىقىشى مۇمكىن، ــ دېيىشەتتى.

## ئىخلاسمەن ئايالنىڭ ئەيسانى ئەترلىشى

مات. 26:6-13؛ يـۇھ. 12:1-8

3 ئەمدى ئۇ بەيت-ئانىيا يېزىسىدا، «سىمون ماخاۋ»نىڭ ئۆيىدە
داستىخاندا ئولتۇرغاندا، ئاق قاشتېشى شىشىدە ناھايىتى
قىممەتلىك ساپ سۇمبۇل ئەترىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر ئايال ئۇنىڭ
يېنىغا كىردى. ئايال ئاق قاشتېشى شىشىنى چېقىپ، ئەترىنى
ئەيسانىڭ بېشىغا قۇيدى.
4 لېكىن بەزىلەر بۇنىڭغا خاپا بولۇشۇپ، بىر-بىرىگە:
بۇ ئەتىر نېمە دەپ شۇنداق ئىسراپ قىلىنىدۇ؟ 5 چۈنكى بۇ ئەترىنى
ئۈچ يۈز دىناردىن ئارتۇق پۇلغا ساتقىلى بولاتتى، پۇلى كەمبەغەللەرگە
سەدىقە قىلىنسا بولماسمىدى! ــ دېيىشتى. ئۇلار ئايالغا شۇنداق تاپا-

---

**1:14** ««ئۆتۈپ كېتىش» ھېيتى ۋە «پېتىر نان ھېيتى»غا ئىككى كۈن قالغانىدى» ــ بۇ ئىككى ھېيتنىڭ تەپسىلاتلىرى ئۈچۈن «مىس.» 12-باب، «لاۋ.» 23-بابنى ۋە «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. ئىبرانىي تىلىدا «پېساق»، ياكى «پاسخا» ھېيتى دەپ ئاتىلىدۇ.

**1:14** مات. 2:26؛ لۇقا 1:22؛ يـۇھ. 55:11؛ 1:13.

**3:14** «سىمون ماخاۋ» ــ يەنى «ماخاۋ كېسىلى» دېيىلىدىغان سىمون» ــ سىمون بەلكىم ئىلگىرى ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. بىزنىڭچە بۇ ئىش ۋە «يۇھ.» 1:12-11دە خاتىرىلەنگەن ۋەقە بىر ئىشتۇر.

**3:14** مات. 6:26؛ لۇقا 37:7؛ يـۇھ. 2:11؛ 3:12.

تەنە قىلغىلى تۇردى.

[6] لېكىن ئەيسا ئۇلارغا:

ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇڭلار، نېمە دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىسىلەر؟
ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمگە ياخشى ئىش قىلدى. [7] چۈنكى كەمبەغەللەر
دائىم ئاراڭلاردا بولىدۇ، خالىغان ۋاقىتىڭلاردا ئۇلارغا خەير-ساخاۋەت
كۆرسىتەلەيسىلەر؛ لېكىن مېنىڭ ئاراڭلاردا بولۇشۇم سىلەرگە دائىم
نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ! [8] ئايال چامىنىڭ يېتىشىچە قىلدى؛ ئۇ مېنىڭ
بەدىنىمنىڭ دەپنە قىلىنىشىغا ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا
ئەتىر-ماي قۇيۇپ قويدى. [9] مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ
قوياي، بۇ خۇش خەۋەر پۈتكۈل دۇنيانىڭ قەيېرىدە جاكارلانسا، بۇ
ئايال ئەسلىنىپ، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى تەرىپلىنىدۇ، ــ دېدى.

## يەھۇدانىڭ ئەيساغا ساتقۇنلۇق قىلىشى

مات. 26:14-16؛ لۇقا 22:3-6

[10] شۇ ۋاقىتتا، ئون ئىككىيلەندىن بىرى بولغان يەھۇدا ئىشقارىيوت
ئۇنى ئۇلارغا تۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە باش كاھىنلارنىڭ ئالدىغا
باردى. [11] ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا پۇل
بېرىشكە ۋەدە قىلىشتى. يەھۇدا ئۇنى تۇتۇپ بېرىشكە مۇۋاپىق
پۇرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى.

---

5:14 **«بۇ ئەتىرنى ئۈچ يۈز دىناردىن ئارتۇق پۇلغا ساتقىلى بولاتتى»** ــ «دىنار» ياكى «دىنارئۇس» دېگەن رىم ئىمپېرىيەسىدىكى بىرخىل پۇل بىرلىكى بولۇپ، بىر «دىنارئۇس» تەخمىنەن بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك ھەققى بولاتتى. «مات.» 20:2نى كۆرۈڭ.

**7:14** قان. 15:11.

8:14 **«ئۇنىڭغا ئەتىر-ماي قۇيۇپ قويدى»** ــ ياكى «ئۇنىڭغا مەسىھ قىلدى».

**10:14** مات. 26:14؛ لۇقا 22:4.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ كەچلىك تامىقى

مات. 25-17:26؛ لۇقا 14-7:22، 21-23؛ يۇھ. 30-21:13

12 پېتىر نان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى، يەنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ
قۇربانلىق قوزىسى سويۇلىدىغان كۈنى، مۇخلىسلار ئۇنىڭدىن:
ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تامىقىنى يېيىشىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ قەيەرگە
بېرىپ تەييارلىشىمىزنى خالايسەن؟ — دەپ سورىدى.
13 ئۇ مۇخلىسلىرىدىن ئىككىيلەننى ئالدىن ماڭغۇزۇپ ئۇلارغا:
شەھەرگە كىرىڭلار، ئۇ يەردە كوزىدا سۇ كۆتۈرۈۋالغان بىر ئەر كىشى
سىلەرگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىڭلار. 14 ئۇ ئادەم نەگە كىرسە
شۇ ئۆينىڭ ئىگىسىگە: «ئۇستاز: مۇخلىسلىرىم بىلەن ئۆتۈپ
كېتىش ھېيتىنىڭ تامىقىنى يەيدىغان مېھمانخانا قەيەردە؟ — دەپ
سوراۋاتىدۇ» — دەڭلار. 15 ئۇ سىلەرنى باشلاپ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى
رەتلەنگەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان چوڭ بىر ئېغىز ئۆينى كۆرسىتىدۇ.
مانا شۇ يەردە بىزگە تەييارلىق قىلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى.
16 مۇخلىسلار يولغا چىقىپ شەھەرگە كىرىپ، يولۇققان ئىشلارنىڭ
ھەممىسى ئۇ ئېيتقاندەك بولدى. شۇ يەردە ئۇلار ئۆتۈپ كېتىش
ھېيتىنىڭ تامىقىنى تەييارلاشتى. 17 كەچ كىرگەندە، ئۇ ئون ئىككەيلەن
بىلەن ئۆيگە كەلدى. 18 ئۇلار داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالانغاندا ئەيسا:
مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئاراڭلاردىكى بىرەيلەن،

---

12:14 **«پېتىر نان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى، يەنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قۇربانلىق قوزىسى سويۇلىدىغان كۈنى»** — «پېتىر نان ھېيتى» يەتتە كۈن بولىدۇ، بىرىنچى كۈنى «ئۆتۈپ كېتىش» ھېيتىمۇ تەڭ بولىدۇ. بۇ كۈنى، يەھۇدىيلار ئۆيلىرىدە قوزا سويۇپ، پېتىر نان بىلەن يەيدۇ. **«ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تامىقى»** — بۇنىڭ مۇھىم قىسمى «ئۆتۈپ كېتىش قۇربانلىق قوزىسى» ئىدى («مىس.» 11-3:12، «لاۋ.» 5:23، «چۆل.» 16:28، «قان.» 7-1:16نى كۆرۈڭ).

**12:14** مىس. 17:12؛ مات. 17:26؛ لۇقا 7:22.

13:14 **«شەھەرگە كىرىڭلار»** — «شەھەر» — يېرۇسالېم شەھىرىگە، دېمەك. **«ئۇ يەردە كوزىدا سۇ كۆتۈرۈۋالغان بىر ئەر كىشى سىلەرگە ئۇچرايدۇ»** — قائىدە (پەلەستىندە) ئەر كىشىلەر بۈگۈنگە قەدەر ئادەتتە سۇ كۆتۈرمەيدۇ.

**17:14** مات. 20:26؛ لۇقا 14:22.

مەن بىلەن بىللە غىزالىنىۋاتقان بىرسى ماڭا ساتقۇنلۇق قىلىدۇ، ــ
دېدى.
[19] ئۇلار بۇ سۆزدىن قايغۇغا چۆمۈپ، بىر-بىرلەپ ئۇنىڭدىن:
مەن ئەمەستىمەن؟ ــ دەپ سورىدى. يەنە بىرسى: ــ مەن ئەمەستىمەن؟
ــ دېدى.
[20] لېكىن ئۇ ئۇلارغا: شۇ كىشى ئون ئىككەيلەننىڭ بىرى، يەنى قولىدىكى
ناننى مەن بىلەن تەڭ تاۋاققا تۆگۈرگۈچى بولىدۇ. [21] ئىنسانئوغلى
دەرۋەقە ئۆزى توغرىسىدا مۇقەددەس يازمىلاردا پۈتۈلگەندەك ئالەمدىن
كېتىدۇ؛ بىراق ئىنسانئوغلىنىڭ تۇتۇپ بېرىلىشىگە ۋاستىچى
بولغان ئادەمنىڭ هالىغا ۋاي! ئۇ ئادەم تۇغۇلمىغان بولسا ئۇنىڭغا
ياخشى بولاتتى! ــ دېدى.

## «رەببىنىڭ زىياپىتى»

مات. 26:26-30؛ لۇقا 22:15-20؛ 1كور. 11:23-25

[22] ئۇلار غىزالىنىۋاتقاندا، ئەيسا بىر ناننى قولىغا ئېلىپ تەشەككۈر
ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنى ئوشتۇپ، مۇخلىسلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ
بەردى ۋە:
ئېلىڭلار، بۇ مېنىڭ تېنىم، ــ دېدى.

18:14 **«داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالانغاندا...»** ــ گرېك تىلىدا «داستىخاندا يېتىپ غىزالانغاندا...».
**18:14** زەب. 9:41؛ روس. 17:1.
21:14 **«... بىراق ئىنسانئوغلىنىڭ تۇتۇپ بېرىلىشىگە ۋاستىچى بولغان ئادەمنىڭ هالىغا ۋاي! ئۇ ئادەم تۇغۇلمىغان بولسا ئۇنىڭغا ياخشى بولاتتى!»** ــ يەهۇدا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرهال چىقىپ باش كاهىنلارنىڭ يېنىغا بارغان بولسا كېرەك. «ماركۇس»، «لۇقا»، «يۇهاننا»دىكى ««تۇتۇپ كېتىش» هېيتىنىڭ كەچلىك تامىقى» توغرىسىدىكى بايانلارنى كۆرۈڭ.
22:14 **«ئەيسا بىر ناننى قولىغا ئېلىپ تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن»** ــ ياكى «ئەيسا ناننى قولىغا ئېلىپ (ئۇنى) بەرىكەتلىگەندىن كېيىن،...».
**22:14** مات. 26:26؛ لۇقا 19:22؛ 1كور. 23:11.

[23]ئاندىن ئۇ قولىغا جامنى ئېلىپ خۇداغا تەشەككۈر ئېيتقاندىن
كېيىن، ئۇنى مۇخلىسلىرىغا سۇندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن
ئىچىشتى.
[24]ئۇ ئۇلارغا: ــ بۇ مېنىڭ قېنىم، نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن تۆكۈلىدىغان،
يېڭى ئەھدىنى تۈزىدىغان قېنىمدۇر. [25]مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى
ئېيتىپ قوياي، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا يېڭىدىن شارابتىن
ئىچىدىغان كۈنگىچە، ئۈزۈم تېلىنىڭ شەربىتىنى ھەرگىز ئىچمەيمەن،
ــ دېدى.
[26]ئۇلار بىر مەدھىيە كۈيىنى ئېيتقاندىن كېيىن تالاغا چىقىپ، زەيتۇن
تېغىغا قاراپ كېتىشتى.

## مۇخلىسلارنىڭ ئەيسانى تاشلاپ كېتىشى

مات. 26:31-35؛ لۇقا 22:31-34؛ يۇھ. 13:36-38

[27]ئاندىن ئەيسا ئۇلارغا:
سىلەر ھەممىڭلار تاندۇرۇلۇپ پۇتلىشىسىلەر، چۈنكى مۇقەددەس
يازمىلاردا:
«مەن پادىچىنى ئۇرۇۋېتىمەن،
قويلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىتىۋېتىلىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن.
[28]لېكىن مەن تىرىلگەندىن كېيىن گالىلىيەگە سىلەردىن بۇرۇن
بارىمەن، ــ دېدى. [29]لېكىن پېترۇس ئۇنىڭغا:
ھەممەيلەن تاندۇرۇلۇپ پۇتلاشسىمۇ، مەن ھەرگىز پۇتلاشمايمەن،
دېدى.

24:14 **«بۇ مېنىڭ قېنىم، نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن تۆكۈلىدىغان، يېڭى ئەھدىنى تۈزىدىغان قېنىمدۇر»** ــ «يېڭى ئەھدە» تەۋرات، «يەر.» 31:31-34، «لۇقا» 20:22نى، «ئىبر.» 20:13نى كۆرۈڭ. بەزى كونا كەچۈرمىلەردە پەقەت «ئەھدە» دېيىلىدۇ.

27:14 **«مەن پادىچىنى ئۇرۇۋېتىمەن، قويلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىتىۋېتىلىدۇ»** ــ «زەك.» 7:13. مۇشۇ بېشارەتتە سۆزلىگۈچى خۇدانىڭ ئۆزى، ئەلۋەتتە.

**27:14** زەك. 7:13؛ مات. 31:26؛ يۇھ. 32:16.

**28:14** مات. 32:26؛ 10:28؛ مار. 7:16.

30 ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ مەن ساڭا بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۈگۈن،
يەنى بۈگۈن كېچە خوراز ئىككى قېتىم چىللىغۇچە، سەن مەندىن
ئۈچ قېتىم تانىسەن، ــ دېدى.
31 لېكىن پېترۇس تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا:
سەن بىلەن بىللە ئۆلىدىغان ئىش كېرەك بولسىمۇ، سەندىن ھەرگىز
تانمايمەن، ــ دېدى. قالغان ھەممىسىمۇ شۇنداق دېيىشتى.

## ئەيسانىڭ گېتسىمانە باغچىسىدىكى دۇئا-تىلاۋىتى

مات. 26:36-46؛ لۇقا 22:39-46

32 ئاندىن ئۇلار گېتسىمانە دېگەن بىر جايغا كەلدى. ئۇ مۇخلىسلارغا:
ــ مەن دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ كەلگۈچە، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار،
دېدى.
33 ئۇ پېترۇس، ياقۇپ ۋە يۇھاننانى بىرگە ئېلىپ ماڭدى ۋە سۈر بېسىپ،
روھ-قەلبىدە تولىمۇ پەرىشان بولۇشقا باشلىدى. 34 ئۇ ئۇلارغا:
جېنىم ئۆلىدىغاندەك بەكمۇ ئازابلانماقتا. سىلەر بۇ يەردە قېلىپ،
ئويغاق تۇرۇڭلار، ــ دېدى. 35 ئۇ سەل نېرىراق بېرىپ، ئۆزىنى يەرگە
ئېتىپ دۇم ياتتى ۋە مۇمكىن بولسا، ئۇ دەقىقىنىڭ ئۆز بېشىغا
چۈشمەي ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ:
36 ــ ئى ئابا ئاتا، ساڭا ھەممە ئىش مۇمكىندۇر؛ بۇ قەدەھنى مەندىن
ئۆتكۈزۈۋەتكەيسەن! لېكىن بۇ ئىش مەن خالىغاندەك ئەمەس، سەن

---

**30:14** مات. 26:34؛ لۇقا 22:34؛ يۇھ. 13:38.

**31:14** يۇھ. 13:37.

**32:14** مات. 26:36؛ لۇقا 22:39؛ يۇھ. 18:1.

**33:14** « **ئەيسا ... روھ-قەلبىدە تولىمۇ پەرىشان بولۇشقا باشلىدى»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇ ... روھتا تولىمۇ پەرىشان بولۇشقا باشلىدى».

**34:14** يۇھ. 12:27.

**35:14** **«ئۇ دەقىقىنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشمەي ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن ...»** ــ گرېك تىلىدا «شۇ سائەتنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشمەي ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن...».

**35:14** لۇقا 22:41.

خالىغاندەك بولسۇن، ــ دېدى.
37 ئۇ ئۈچەيلەننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ
قالغانلىقىنى كۆرۈپ، پېترۇسقا:
ئەي سىمون، ئۇخلاۋاتامسەن؟! بىر سائەتمۇ ئويغاق تۇرالمىدىڭمۇ؟!
38 ئېزىقتۇرۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئويغاق تۇرۇپ دۇئا قىلىڭلار.
روھ پىداكار بولسىمۇ، لېكىن كىشىنىڭ ئەتلىرى ئاجىزدۇر، ــ دېدى.
39 ئاندىن ئۇ يەنە بېرىپ، ئوخشاش سۆزلەر بىلەن قايتىدىن دۇئا
قىلدى. 40 ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇلارنىڭ يەنە
ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا
ئىلىنغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. 41 ئۇ
ئۈچىنچى قېتىم ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ ئۇلارغا:
سىلەر تېخىچە ئۇخلاۋاتامسىلەر، تېخىچە دەم ئېلىۋاتامسىلەر؟
ئەمدى بولدى بەس! ۋاقىت-سائىتى كەلدى؛ مانا، ئىنسانئوغلى
گۇناھكارلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى! 42 قوپۇڭلار، كېتەيلى؛ مانا، ماڭا
ساتقۇنلۇق قىلىدىغان كىشى يېقىن كەلدى! ــ دېدى.

---

36:14 **«ئى ئابba ئاتا، ساڭا ھەممە ئىش مۇمكىندۇر»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاببا» دېگەن سۆز ئوغۇلنىڭ ئاتىسىغا بولغان يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرچىدىكى «سۆيۈملۈك ئاتا» دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ. بۇ سۆز ھەم مۇھەببەت ھەم چوڭقۇر ھۆرمەتنىمۇ بىلدۈرىدۇ. **«بۇ قەدەھنى مەندىن ئۆتكۈزۈۋەتكەيسەن!»** ــ «بۇ قەدەھ» ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. —تەۋراتنىڭ كۆپ يەرلىرىدە «قەدەھ» دەل شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن «زەب.» 8:75، «يەش.» 17:51، 22، «يەر.» 15:25دە).

**36:14** يۇھ. 38:6.

**37:14** مات. 40:26؛ لۇقا 45:22.

38:14 **«روھ پىداكار بولسىمۇ، لېكىن كىشىنىڭ ئەتلىرى ئاجىزدۇ»** ــ «كىشىنىڭ ئەتلىرى» گرېك تىلىدا «ئەت». ئىنجىلدا «ئەت» ياكى «ئەت-تەن» دائىم دېگۈدەك ئادەمنىڭ ئۆز تېنى تەرىپىدىن ئازدۇرۇلىدىغان، گۇناھكار تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ. «رىم.»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**38:14** گال. 17:5.

41:14 **«سىلەر تېخىچە ئۇخلاۋاتامسىلەر، تېخىچە دەم ئېلىۋاتامسىلەر؟»** ــ ياكى بولمىسا: «ئەمدى ئۇخلاۋېرىسىلەر، دەم ئېلىۋېرىسىلەر!» (دېمەك، كىنايىلىك گەپ) ياكى پەقەت: «ئەمدى ئۇخلاڭلار، دەم ئېلىڭلار!».

## ئەيسانىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى

مات. 56-47:26؛ لۇقا 53-47:22؛ يۇھ. 12-3:18

[43] ۋە شۇ دەقىقىدە، ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەيلا، مانا، ئون
ئىككىيلەندىن بىرى بولغان يەھۇدا كەلدى؛ ئۇنىڭ يېنىدا باش
كاھىنلار، تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە ئاقساقاللار تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن
قىلىچ-توقماقلارنى كۆتۈرگەن زور بىر توپ ئادەم بار ئىدى. [44] ئۇنىڭغا
ساتقۇنلۇق قىلغۇچى ئۇلار بىلەن ئاللىبۇرۇن ئىشارەتنى بېكىتىپ:
«مەن كىمنى سۆيسەم، ئۇ دەل شۇدۇر. سىلەر ئۇنى تۇتۇپ، يالاپ ئېلىپ
كېتىڭلار» دەپ كېلىشكەنىدى. [45] ئۇ كېلىپ ئۇدۇل ئەيسانىڭ ئالدىغا
بېرىپ:
ئۇستاز، ئۇستاز! ــ دەپ ئۇنى سۆيۈپ كەتتى.
[46] ئۇلار ئۇنىڭغا قول سېلىپ، ئۇنى تۇتقۇن قىلدى. [47] ۋە ئۇنىڭ
يېنىدا تۇرغانلاردىن بىرەيلەن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، باش كاھىنىنىڭ
چاكىرىغا ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىنى شىلىپ چۈشۈرۈۋەتتى.
[48] ئەيسا جاۋابەن ئۇلارغا:
بىر قاراقچىنى تۇتىدىغاندەك قىلىچ-توقماقلارنى كۆتۈرۈپ مېنى
تۇتقىلى كەپسىلەرغۇ؟ [49] مەن ھەر كۈنى ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدا سىلەر
بىلەن بىللە بولۇپ تەلىم بېرەتتىم، لېكىن سىلەر ئۇ چاغدا مېنى
تۇتمىدىڭلار. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەددەس يازمىلاردا
ئالدىن پۈتۈلگەنلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن بولدى، ــ دېدى.
[50] بۇ چاغدا، ھەممەيلەن ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى. [51] پەقەت
ئۇچىسىغا كاناپ رەخت يېپىنچاقلىۋالغان بىر يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن

---

**43:14** مات. 47:26؛ لۇقا 47:22؛ يۇھ. 3:18.

**45:14 «ئۇستاز، ئۇستاز»** ــ «ئۇستاز» ئىبرانيي تىلدا «رابىي» دېيىلىدۇ.
—ئىبرانىيلار ئارىسىدا ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىم چاقىرىش ئادەتتە ئىناتايىن چوڭقۇر ھېسسىيات، ئالاھىدە ئامراقلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**45:14** 2سام. 9:20.

**49:14** 1سام. 15-14:24؛ زەب. 7-6:22؛ 9:69؛ لۇقا 25:24

**50:14** ئايۇپ 13:19؛ زەب. 8:88، 18؛ زەك.7:13.

ئەگىشىپ ماڭدى. ياش ئەسكەرلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىشۇدى، [52]لېكىن ئۇ
كاناپ رەختتىن بوشىنىپ، يالىڭاچ پېتى ئۇلاردىن قېچىپ كەتتى.

## ئالىي كېڭەشمىدە سوتلىنىش

مات. 26:57-68؛ لۇقا 22:54-55، 63-71؛ يـۇھ. 18:13-14، 19-24

[53]ئەمدى ئۇلار ئەيسانى باش كاھىنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. باش
كاھىنلار، بارلىق ئاقساقاللار بىلەن تەۋرات ئۇستازلىرىمۇ ئۇ يەرگە
ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلدى. [54]پېترۇس ئۇنىڭغا تاكى باش كاھىنىنىڭ
سارايىدىكى هويلىنىڭ ئىچىگىچە يىراقتىن ئەگىشىپ كەلدى؛ ئۇ
قاراۋۇللار بىلەن بىللە ئوتنىڭ نۇرىدا ئوتسىنىپ ئولتۇردى. [55]باش
كاھىنلار ۋە پۈتۈن ئالىي كېڭەشمە ئەزالىرى ئەيسانى ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن، گۇۋاھ-ئىسپات ئىزدىدى، ئەمما تاپالمىدى.
[56]چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئەرز قىلىپ يالغان گۇۋاھچىلىق
بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى بىر-بىرىگە ئۇدۇل
كەلمەيتتى. [57]بەزى ئادەملەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز
قىلىپ يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ:
[58]— بىز ئۇنىڭ: «ئىنسان قولى بىلەن ياسالغان بۇ ئىبادەتخانىنى بۇزۇپ
تاشلاپ، ئىنسان قولى بىلەن ياسالمىغان باشقا بىر ئىبادەتخانىنى
ئۈچ كۈن ئىچىدە ياساپ چىقىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، — دېدى.

---

52:14 «... ئۇچىسىغا كاناپ رەخت يېپىنچاقلىۋالغان بىر يىگىت... **لېكىن ئۇ كاناپ رەختتىن بوشىنىپ، يالىڭاچ پېتى ئۇلاردىن قېچىپ كەتتى»** — بىرنەچچە شەرھچىلەر بۇ «مەلۇم ياش يىگىت»نى ماركۇسنىڭ ئۆزى ئىكەن، دەپ قارايدۇ. بىزمۇ قوشۇلىمىز. ئۇ مۇشۇ يەردە ئۆزىنى «مۇخلىس» دەپ ئاتىمايدۇ. بەلكىم ئۇ مۇشۇ يەردە **بارلىق كىشىلەر**نىڭ ئەيسادىن ۋاز كېچىپ ئۇنى تاشلىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى بولىدۇ.

53:14 **«باش كاھىنلار، بارلىق ئاقساقاللار بىلەن تەۋرات ئۇستازلىرىمۇ ئۇ يەرگە ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلدى»** — «ئۇنىڭ يېنىغا» باش كاھىن قاياپانىڭ يېنىغا، دېمەك.

**53:14** مات. 26:57؛ لۇقا 22:54؛ يـۇھ. 18:13، 24.

55:14 **«ئالىي كېڭەشمە»** — ئىبرانىي تىلدا «سانھېدرىن».

**55:14** مات. 26:59؛ روس. 6:13.

[59] ھەتتا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى گۇۋاھلىقلىرىمۇ بىر-بىرىگە ماس
كەلمىدى.
[60] ئاندىن باش كاھىن ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئەيسادىن:
قېنى، جاۋاب بەرمەمسەن؟ بۇلار سېنىڭ ئۈستۈڭدىن زادى قانداق
گۇۋاھلىقلارنى بېرىۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. [61] لېكىن ئەيسا شۈك
تۇرۇپ، ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. باش كاھىن ئۇنى قىستاپ يەنە
ئۇنىڭدىن:
سەن مۇبارەك بولغۇچىنىڭ ئوغلى مەسىھمۇسەن؟ ـ دەپ سورىدى.
[62] شۇنداق، مەن ئۆزۈم، ـ دېدى ئەيسا، ـ ۋە سىلەر كېيىن ئىنسانئوغلىنىڭ
قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاسماندىكى
بۇلۇتلار بىلەن كېلىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر.
[63] شۇنىڭ بىلەن باش كاھىن تونلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ:
ئەمدى باشقا ھەرقانداق گۇۋاھچىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ [64] ئۆزۈڭلار بۇ

---

**58:14 «ئىنسان قولى بىلەن ياسالغان بۇ ئىبادەتخانىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسان قولى بىلەن ياسالمىغان باشقا بىر ئىبادەتخانىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە ياساپ چىقىمەن»** ــ «يۇھ.» 19:2نى كۆرۈڭ. ئۇلار مەسىھنىڭ سۆزىنى بۇرمىلىغاندى.

**58:14** مار. 29:15؛ يـۇھ. 19:2.

**60:14** مات. 62:26.

**61:14 «سەن مۇبارەك بولغۇچىنىڭ ئوغلى مەسىھمۇسەن؟»** ــ «مۇبارەك بولغۇچى» ــ خۇدا ئۆزىدۇر.

**61:14** يەش. 7:53؛ روس. 32:8.

**62:14 «سىلەر كېيىن ئىنسانئوغلىنىڭ قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىلەن كېلىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر»** ــ تەۋرات، «دان.» 13:7نى كۆرۈڭ.

**62:14** دان. 13:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ 31:25؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 16:4؛ 2تېـس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

**63:14 «شۇنىڭ بىلەن باش كاھىن تونلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ...»** ــ باش كاھىن ئەيسانى «كۇپۇرلۇق قىلدى» دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا بولغان چۆچۈشى ۋە غەزىپىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يىرتقان. ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭ خۇداغا خاس ھوقۇق ۋە شۆھرەت مەنىدىدۇر، دېگەنلىكىدۇر. يەنە شۇنى ئېيتىمىزكى، باش كاھىنىنىڭ تونلىرىنى يىرتىشىنىڭ ئۆزى تەۋرات قانۇنىغا خىلاپ ئىدى («لاۋ.» 6:10، 10:21).

كۆپۈرلۈقنى ئاڭلىدىڭلار! ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ ــ دېدى.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلسۇن، دەپ ھۆكۈم
چىقىرىشتى. [65]ئاندىن بەزىلىرى ئۇنىڭغا تۈكۈرۈشكە باشلىدى،
يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ، مۇشتلاپ: «قېنى، پەيغەمبەرچىلىك
قىلىپ بېشارەت بېرە!» دېيىشتى. قاراۋۇللارمۇ ئۇنى شاپىلاق بىلەن
كاچاتلىدى.

## پېترۇسنىڭ ئەيسادىن تېنىشى

مات. 26:69-75؛ لۇقا 22:56-62؛ يۇھ. 18:15-18، 25-27

[66]پېترۇس سارايىنىڭ تۆۋەنكى ھويلىسىدا تۇرغاندا، باش كاھىنىنىڭ
دېدەكلىرىدىن بىرى كېلىپ، [67]ئىسسىنىپ ئولتۇرغان پېترۇسنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ:
سەنمۇ ناسارەتلىك ئەيسا بىلەن بىللە ئىدىڭغۇ، ــ دېدى.
[68]لېكىن ئۇ تېنىپ:
سېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلمىدىم ھەم چۈشەنمىدىم، ــ دېدى-
دە، تاشقىرىغا، دەرۋازىنىڭ ئايۋىنىغا چىقىپ تۇردى. شۇ ئەسنادا خوراز
بىر چىللىدى.
[69]ئۇنى يەنە كۆرگەن ھېلىقى دېدەك يەنە ئۇ يەردە تۇرغانلارغا:
بۇ ئۇلاردىن بىرى، ــ دېگىلى تۇردى. [70]پېترۇس يەنە ئىنكار قىلدى.
بىرئازدىن كېيىن، ئۇ يەردە تۇرغانلار پېترۇسقا يەنە:
بەرھەق، سەن ئۇلارنىڭ بىرىسەن. چۈنكى سەنمۇ گالىلىيەلىك

65:14 **«بەزىلىرى ئۇنىڭغا تۈكۈرۈشكە باشلىدى، يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ، مۇشتلاپ: «قېنى، پەيغەمبەرچىلىك قىلىپ بېشارەت بېرە!»** ــ «مات.» 68:26دە مۇشۇ كىشىلەرنىڭ: «... «قېنى بېشارەت بېرە، سېنى كىم ئۇردى؟» دېيىشكەنلىكىمۇ خاتىرىلىنىدۇ. **«قاراۋۇللارمۇ ئۇنى شاپىلاق بىلەن كاچاتلىدى»** ــ ياكى «قاراۋۇللارمۇ ئۇنى ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ كاچاتلىدى».

**65:14** ئايۇپ 10:16؛ يەش. 6:50؛ يۇھ. 3:19.

**66:14** مات. 58:26، 69؛ لۇقا 55:22؛ يۇھ. 16:18، 17.

**69:14** مات. 71:26؛ لۇقا 58:22؛ يۇھ. 25:18.

ئـكـەنـسـەنغۇ؟! ـ دېيىشتى.
[71] لېكىن ئۇ قاتتىق قارغاشلار بىلەن قەسەم قىلىپ:
سىلەر دەۋاتقان ھېلىقى ئادەمنى تونۇمايمەن! ـ دېدى.
[72] دەل شۇ چاغدا خوراز ئىككىنچى قېتىم چىللىدى. پېترۇس
ئەيسانىڭ ئۆزىگە: «خوراز ئىككى قېتىم چىللىغۇچە، سەن مەندىن
ئۈچ قېتىم تانىسەن» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئالدى؛ ۋە بۇلارنى
ئويلاپ يىغلاپ كەتتى.

## ئەيسانىڭ پىلاتۇسنىڭ ئالدىدا سوتلىنىشى

مات. 27:1-2، 11-14؛ لۇقا 23:1-5؛ يـۇھ. 18:28-38

15 [1] ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا، باش كاھىنلار ئاقساقاللار،
تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پۈتكۈل ئالىي كېڭەشمىدىكىلەر
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەيسانى باغلاپ ئاپىرىپ، ۋالىي پىلاتۇسقا
تاپشۇرۇپ بەردى.
[2] پىلاتۇس ئۇنىڭدىن:
سەن يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.
ئۇ جاۋابەن: ـ ئېيتقىنىڭدەك، ـ دېدى.

---

70:14 «بەرھەق، سەن ئۇلارنىڭ بىرسەن. چۈنكى سەنمۇ گالىلىيەلىك ئىكەنسەنغۇ؟!» ـ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى پېترۇسنىڭ تەلەپپۇزىغا ئاساسەن بولسا كېرەك. «مات.» 26:72-73نى كۆرۈڭ.

72:14 «...ۋە بۇلارنى ئويلاپ يىغلاپ كەتتى» ـ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ـ «... ۋە كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى».

72:14 مات. 26:34، 75؛ لۇقا 22:61؛ يـۇھ. 13:38؛ 18:27.

1:15 زەب. 2:2؛ مات. 27:1؛ لۇقا 22:66؛ 23:1؛ يـۇھ. 18:28؛ روس. 3:13.

2:15 «ئۇ جاۋابەن: ـ ئېيتقىنىڭدەك، ـ دېدى» ـ ئەيسانىڭ «ئېيتقىنىڭدەك» دېگەن جاۋابىنىڭ گرېك تىلىدا «شۇنداق، لېكىن ئەھۋال دەل سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئەمەس» دېگەن پۇرىقى چىقىدۇ.

2:15 مات. 27:11؛ لۇقا 23:3؛ يـۇھ. 18:33.

[3]باش كاھىنلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن قايتا-قايتىدىن ئەرز-شىكايەتلەرنى
قىلىشتى. [4]پىلاتۇس ئۇنىڭدىن يەنە:
جاۋاب بەرمەمسەن؟ قارا، ئۇلار ئۈستۈڭدىن شۇنچىۋالا شىكايەت
قىلىۋاتىدۇ!؟ ــ دەپ سورىدى.
[5]بىراق ئەيسا يەنىلا ھېچ جاۋاب بەرمىدى؛ پىلاتۇس بۇنىڭغا ئىنتايىن
ھەيران قالدى.

## ئەيسا ۋە بارابباس

مات. 27:15-31؛ لۇقا 23:13-25؛ يـۇھ. 18:39-40؛ 19:1-16

[6]ھەر قېتىملىق ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا، خالايىق قايسىبىر
مەھبۇسنى تەلەپ قىلسا، ۋالىي ئۇنى قويۇپ بېرەتتى. [7]ئەينى
ۋاقىتتا، زىنداندا باراباس ئىسىملىك بىر مەھبۇس بار ئىدى. ئۇ
ئۆزى بىلەن بىللە توپىلاڭ كۆتۈرگەن ھەمدە توپىلاڭدا قاتىللىق
قىلغان نەچچەيلەن بىلەن تەڭ سولانغانىدى. [8]خالايىق چۇقان-سۈرەن
سېلىپ ۋالىيدىن بۇرۇن ھەمىشە ئۇلارغا قىلغىنىدەك يەنە شۇنداق
قىلىشىنى تىلەشتى.
[9]پىلاتۇس ئۇلارغا:
سىلەر يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىنى قويۇپ بېرىشىمنى خالامسىلەر؟
ــ دېدى [10](چۈنكى ئۇ باش كاھىنلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن
ئۇنى تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى بىلەتتى). [11]لېكىن باش كاھىنلار
خالايىقنى: «بۇنىڭ ئورنىغا، باراباسنى قويۇپ بەر» دەپ تەلەپ
قىلىشقا كۈشكۈرتتى.

---

**4:15** مات. 27:13؛ يـۇھ. 19:10.
**5:15** يەش. 53:7
**6:15** مات. 27:15؛ لۇقا 23:17؛ يـۇھ. 18:39.
**7:15** مات. 27:16؛ لۇقا 23:19؛ يـۇھ. 18:40.
**8:15** **«خالايىق چۇقان-سۈرەن سېلىپ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خالايىق (ۋالىينىڭ) ئالدىغا كېلىپ...».
**11:15** مات. 27:20؛ لۇقا 23:18؛ يـۇھ. 18:40؛ روس. 3:14.

12 پىلاتۇس جاۋابەن ئۇلاردىن يەنە:
ئۇنداق بولسا، سىلەر «يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىغان
كىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىل دەۋاتىسىلەر؟ ــ دېدى.
13 ــ ئۇلار يەنە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ: ــ ئۇنى كرېستلىگىن! ــ دەپ
ۋارقىرىشاتتى.
14 پىلاتۇس ئۇلارغا: ــ نېمىشقا؟ ئۇ نېمە رەزىللىك ئۆتكۈزۈپتۇ؟ ــ دېدى.
بىراق ئۇلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ:
ئۇنى كرېستلىگىن! ــ دەپ ۋارقىراشتى. 15 شۇڭا پىلاتۇس، خالايىقنى
رازى قىلماقچى بولۇپ، باراباسنى ئۇلارغا چىقىرىپ بەردى. ئەيسانى
بولسا قامچىلاتقاندىن كېيىن، كرېستلەش ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە
تاپشۇردى.

## لەشكەرلەرنىڭ ئەيسانى مەسخىرە قىلىشى

16 ئاندىن لەشكەرلەر ئەيسانى ۋالىي ئوردىسىدىكى سەيناغا ئېلىپ
كىرىپ، پۈتۈن لەشكەرلەر توپىنى بۇ يەرگە جەم بولۇشقا چاقىردى.
17 ئۇلار ئۇنىڭ ئۇچىسىغا سۆسۈن رەڭلىك تون كىيدۈرۈشتى، ئاندىن
ئۇلار تىكەنلىك شاخچىلاردىن توقۇغان بىر تاجنى بېشىغا كىيگۈزدى.
18 ئاندىن ئۇنى مۇبارەكلەپ: «ياشىغايلا، ئى يەھۇدىيلارنىڭ

15:15 **«ئەيسانى بولسا قامچىلاتقاندىن كېيىن...»** ــ رىم ئىمپېرىيەسىدە جازا قامچىلىرى بىرنەچچە تاسمىلىق بولۇپ، ھەربىر تاسمىسىغا قوغۇشۇن ۋە ئۇستىخان پارچىلىرى باغلانغان بولىدۇ. قامچىلىنغان ۋاقىتتا جازاغا تارتىلغۇچى يالىڭاچلىنىپ، يەرگە تىزلاندۇرۇلۇپ، ئىككى يېنىدا تۇرغان لەشكەر ئۇنى قامچىلايتتى.

**15:15** مات. 26:27؛ يـۇھ. 1:19.

16:15 **«ۋالىي ئوردىسىدىكى سەيىنا»** ــ گرېك (لاتىن) تىلىدا «پرايتورىئۇم». **«لەشكەرلەر توپى»** ــ (گرېك تىلىدا «كوھورت») 500-600 كىشىدىن تەركىب تاپقان.

**16:15** مات. 27:27؛ يـۇھ. 2:19.

17:15 **«ئۇلار ئۇنىڭ ئۇچىسىغا سۆسۈن رەڭلىك تون كىيدۈرۈشتى»** ــ «سۆسۈن رەڭ» شۇ چاغدا شاھانە كىيىمنىڭ رەڭگى شۇنداق ئىدى («مات.» 28:27، «يۇھ.» 2:19نى كۆرۈڭ). ئۇلار شۇ «شاھانە تون» ئارقىلىق ئەيسانى «سەن پادىشاھمۇ؟!» دەپ مازاق قىلماقچى.

پادىشاھى!» دېيىشتى. 19 ئاندىن بېشىغا قومۇش بىلەن ھەدەپ ئۇرۇپ،
ئۇنىڭغا قاراپ تۈكۈرۈشتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ، سەجدە
قىلىشتى.
20 ئۇلار ئۇنى شۇنداق مازاق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سۆسۈن
توننى سالدۇرۇۋېتىپ، ئۈچىسىغا ئۆز كىيىملىرىنى كىيدۈردى؛
ئاندىن ئۇلار ئۇنى كرېستلەش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىشتى.

## ئۇنىڭ كرېستلىنىشى

مات. 27:32-44؛ لۇقا 23:26-39؛ يۇھ. 19:17-19

21 كۇرىنى شەھەرىدىن بولغان، سىمون ئىسىملىك بىر كىشى يېزىدىن
كېلىپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى (بۇ كىشى ئىسكەندەر بىلەن
رۇفۇسنىڭ ئاتىسى ئىدى). لەشكەرلەر ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ، ئەيسانىڭ
كرېستىنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي كۆتۈرگۈزدى. 22 ئۇلار ئەيسانى گولگوتا
(تەرجىمىسى، «باش سۆڭەك») دېگەن يەرگە ئېلىپ كەلدى؛ 23 ئاندىن
ئۇلار ئۇنىڭغا ئىچىش ئۈچۈن مۇرمەككى ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق
شاراب بەردى؛ لېكىن ئۇ ئۇنى قوبۇل قىلمىدى.

---

15:19 **«ئاندىن بېشىغا قومۇش بىلەن ھەدەپ ئۇرۇپ...»** ــ ياكى «ئاندىن بېشىغا ھاسا بىلەن ھەدەپ ئۇرۇپ...».

15:21 **«لەشكەرلەر ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ، ئەيسانىڭ كرېستىنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي كۆتۈرگۈزدى»** ــ «ئەيسانىڭ كرېستى» توغرۇلۇق: ئەيسا ئۆزىنى جازالايدىغان قورال بولغان شۇ كرېست (چاپراس ياغاچ)نى يۈدۈپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئۇ شۇنداق قاتتىق قامچىلانغانلىقى، ھالسىراپ يۈدۈپ ماڭالمىسا كېرەك.

**15:21** مات. 27:32؛ لۇقا 23:26.

**15:22** مات. 27:33؛ لۇقا 23:33؛ يۇھ. 19:17.

15:23 **«... ئۇلار ئۇنىڭغا ئىچىش ئۈچۈن مۇرمەككى ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق شاراب بەردى؛ لېكىن ئۇ ئۇنى قوبۇل قىلمىدى»** ــ كرېستكە مىخلىنىدىغانلارغا ئاغرىقنى پەسەيتىش مەقسىتىدە دورا ئارىلاشتۇرۇلغان شاراب بېرىلىدىكەن. بىراق ئەيسا رەت قىلدى.

[24] ئۇلار ئۇنى كرېستلىگەندىن كېيىن، كىيىملىرىنى ئۆزئارا
بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن، ھەرقايسىسىنىڭ ئۈلۈشىنى بېكىتىشكە
ھەربىر كىيىمنىڭ ئۈستىگە چەك تاشلىدى. [25] ئۇنى كرېستلىگەن
ۋاقىت كۈننىڭ ئۈچىنچى سائىتى ئىدى. [26] ئۇنى ئەيىبلىگەن
شىكايەتنامىدە «يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» دەپ پۈتۈلگەنىدى.
[27] ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىككى قاراقچىنىمۇ كرېستلىدى،
بىرى ئوڭ تەرىپىدە، يەنە بىرى سول تەرىپىدە ئىدى. [28] شۇنداق
قىلىپ، مۇقەددەس يازمىلاردىكى: «ئۇ جىنايەتچىلەرنىڭ
قاتارىدا سانالدى» دېگەن سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. [29] ئۇ يەردىن
ئۆتكەنلەر باشلىرىنى چايقىشىپ، ئۇنى ھاقارەتلەپ:
ئۇھۇي، سەن ئىبادەتخانىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە
قايتىدىن ياساپ چىقىدىغان ئادەم، [30] ئەمدى ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇپ
كرېستتىن چۈشۈپ باققىنا! ــ دېيىشتى.
[31] باش كاھىنلار بىلەن تەۋرات ئۇستازلىرىمۇ ئۆزئارا شۇنداق
مەسخىرە قىلىپ:
ئۇ باشقىلارنى قۇتقۇزۇپتىكەن، ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ.
[32] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولغان مەسىھ ئەمدى كرېستتىن
چۈشۈپ باقسۇنچۇ، شۇنى كۆرسەكلا ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىمىز!

---

24:15 **«ھەرقايسىسىنىڭ ئۈلۈشىنى بېكىتىشكە ھەربىر كىيىمنىڭ ئۈستىگە چەك تاشلىدى»** ــ ياكى «ھەرقايسىسىنىڭ ئۈلۈشىنى بېكىتىشكە كىمىيملىرى ئۈچۈن چەك تاشلىدى»

**24:15** زەب. 18:22؛ مات. 35:27؛ لۇقا 34:23؛ يۇھ. 23:19.

25:15 **«كۈننىڭ ئۈچىنچى سائىتى»** ــ ھازىرقى ۋاقىت بولسا، ئەتىگەن سائەت توققۇز ئىدى.

26:15 **«ئۇنى ئەيىبلىگەن شىكايەتنامىدە «يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» دەپ پۈتۈلگەنىدى»** ــ بۇ شىكايەتنامە ئۇنىڭ بېشىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بېكىتىلگەنىدى («مات.» 37:27).

**26:15** مات. 37:27؛ لۇقا 38:23؛ يۇھ. 19:19.

28:15 **«ئۇ جىنايەتچىلەرنىڭ قاتارىدا سانالدى»** ــ «يەش.» 12:53.

**28:15** يەش. 12:53؛ لۇقا 37:22.

**29:15** زەب. 7:22-8؛ 69:19-22؛ 25:109؛ مات. 39:27؛ لۇقا 35:23؛ يۇھ. 19:2.

ـ دېيىشتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كرېستلەنگەنلەرمۇ ئۇنى شۇنداق
ھاقارەتلەشتى.

## ئەيسانىڭ ئۆلۈمى

مات. 27:45-56؛ لۇقا 23:44-49؛ يۇھ. 19:28-30

33 ئەمدى كۈننىڭ ئالتىنچى سائىتى كەلگەندە، پۈتكۈل زېمىننى
قاراڭغۇلۇق قاپلىدى ۋە توققۇزىنچى سائەتكىچە داۋام قىلدى.
34 توققۇزىنچى سائەتتە ئەيسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئېلوئى،
ئېلوئى، لاما شاۋاقتانى؟»، مەنىسى: ـ «خۇدايىم، خۇدايىم، مېنى
نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟» دەپ قاتتىق نىدا قىلدى.
35 ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى بۇنى ئاڭلاپ:
مانا، ئۇ ئىلياس پەيغەمبەرگە نىدا قىلىۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى.
36 ئۇلاردىن بىرەيلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىر پارچە بۇلۇتنى ئاچچىق
شارابقا چىلاپ، قومۇشنىڭ ئۇچىغا سىلىپ ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈپ:
توختاپ تۇرۇڭلار! قاراپ باقايلى، ئىلياس پەيغەمبەر ئۇنى
چۈشۈرگىلى كېلەرمىكىن؟ ـ دېدى.
37 ئەيسا قاتتىق ۋارقىرىدى-دە، روھىنى قويۇۋەتتى. 38 ۋە شۇ
ئەسنادا ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرى پەردىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە

---

33:15 **«كۈننىڭ ئالتىنچى سائىتى كەلگەندە، پۈتكۈل زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى ۋە توققۇزىنچى سائەتكىچە داۋام قىلدى»** ــ ھازىرقى ۋاقىت سىستېمىسى بويىچە مۇشۇ ھالەت چۈش ۋاقتىدىن (سائەت ئون ئىككىدىن) باشلاپ سائەت ئۈچكىچە داۋام قىلدى.

**33:15** مات. 27:45؛ لۇقا 23:44.

34:15 **«توققۇزىنچى سائەتتە»** ــ ھازىرقى ۋاقىت بولسا سائەت ئۈچلەردە. **«ئېلوئى، ئېلوئى، لاما شاۋاقتانى؟»، مەنىسى: ــ «خۇدايىم، خۇدايىم، مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟»** ــ «زەب.» «22:1»نى كۆرۈڭ.

**34:15** زەب. 22:1-2؛ مات. 27:46.

**36:15** زەب. 69:21؛ يۇھ. 19:29.

37:15 **«ئەيسا... روھىنى قويۇۋەتتى»** ــ «روھىنى قويۇۋەتتى» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئەيسا... تىنىقىنى توختاتتى».

ئىككى پارچىگە بۆلۈپ يىرتىلدى. [39] ئەمدى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان
يۈزبېشى ئۇنىڭ قانداق نىدا قىلىپ روھىنى قويۇۋەتكەنلىكىنى
كۆرۈپ: بۇ ئادەم ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەن! ــ دېدى.
[40] ئۇ يەردە يەنە بۇ ئىشلارغا يىراقتىن قاراپ تۇرۇۋاتقان بىرنەچچە
ئاياللارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماگداللىق مەريەم،
كىچىك ياقۇپ بىلەن يوسەنىڭ ئانىسى مەريەم ۋە سالومىلار بار ئى
دى. [41] ئۇلار ئەسلىدە ئەيسا گالىلىيە ئۆلكىسىدە تۇرغان ۋاقىتتا
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغانلار ئىدى؛ بۇلاردىن
باشقا ئۇنىڭ بىلەن يېرۇسالېمغا بىرگە كەلگەن يەنە نۇرغۇن
ئاياللارمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تۇراتتى.

## ئەيسانىڭ دەپنە قىلىنىشى

مات. 27:57-61؛ لۇقا 23:50-56؛ يـۇھ. 19:38-42

[42] كەچقۇرۇن كىرىپ قالغاندا («تەييارلاش كۈنى»، يەنى شابات كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى بولغاچقا)،

15:38 «... شۇ ئەسنادا ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرى پەردىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئىككى پارچىگە بۆلۈپ يىرتىلدى» ــ بۇ پەردە ئىبادەتخانىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جايىنى مۇقەددەس جايدىن ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە بولۇپ، ئۇنىڭ يىرتىلىشى ئىنسانلارنىڭ خۇدانىڭ ئالدىغا بارىدىغان يولىنىڭ ئەيسانىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئېچىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي»نى سىرتتىكى ھويلىدىن ئايرىيدىغان يەنە بىر «سىرتقى پەردە» بار ئىدى، لېكىن بۇنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئادەتتە باشقا ئاتالغۇ ئىشلىتىلىدۇ).

**15:38** 2تار. 3:14؛ مات. 27:51؛ لۇقا 23:45.

**15:39** مات. 27:54؛ لۇقا 23:47.

**15:40** **«يوسەنىڭ ئانىسى مەريەم»** ــ «مات.» 27:56دە «يۈسۈپنىڭ ئانىسى مەريەم».

**15:40** مات. 27:55؛ لۇقا 23:49.

**15:41** لۇقا 8:2، 3.

**15:42** **«تەييارلاش كۈنى»** ــ ئادەتتە شابات كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. شابات كۈنىدە ھەرقانداق ئىشلەش (مەسىلەن ئوتۇن تېرىش، ئوت يېقىش، خېمىر يۇغۇرۇش قاتارلىقلار) مەنئىي قىلىنغاچقا، شابات كۈنىدىكى بارلىق تاماقلارنى ئالدىنقى كۈنى، يەنى جۈمە كۈنىدە تەييارلاش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قائىدە بويىچە، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسەتى شابات كۈنىدە كرېستتە قالسا بولمايتتى («قان.» 21:23نى كۆرۈڭ).

**15:42** مات. 27:57؛ لۇقا 23:50؛ يـۇھ. 19:38.

43 ئالىي كېڭەشمىنىڭ تولىمۇ مۆتىۋەر ئەزاسى، ئارىماتىيالىق يۈسۈپ
بار ئىدى. ئۇمۇ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى كۈتۈۋاتقان بولۇپ، جۈرئەت
قىلىپ ۋالىي پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئەيسانىڭ
جەسىتىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

44 پىلاتۇس ئەيسانىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىگە ھەيران بولدى؛ ئۇ
يۈزبېشىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن ئەيسانىڭ ئۆلگىنىگە خېلى ۋاقىت
بولدىمۇ، دەپ سورىدى. 45 يۈز بېشىدىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن،
يۈسۈپكە جەسەتنى بەردى. 46 يۈسۈپ ئېسىل كاناپ رەخت سېتىۋېلىپ،
جەسەتنى كرېستتىن چۈشۈرۈپ كاناپ رەختتە كېپەنلىدى ۋە ئۇنى
قىيادا ئويۇلغان بىر قەبرىگە قويدى؛ ئاندىن قەبرىنىڭ ئاغزىغا بىر
تاشنى دومىلىتىپ قويدى.
47 ۋە ماگداللىق مەريەم بىلەن يوسەنىڭ ئانىسى مەريەم ئۇنىڭ
قويۇلغان يېرىنى كۆرۈۋالدى.

## ئەيسا ئۆلۈمدىن تىرىلدۇ

مات. 28:1-8؛ لۇقا 24:1-12؛ يۇھ. 20:1-10

16 1 شابات كۈنى ئۆتۈشى بىلەنلا، ماگداللىق مەريەم،
ياقۇپنىڭ ئانىسى مەريەم ۋە سالومىلار بېرىپ ئەيسانىڭ
جەسىتىگە سۈرۈش ئۈچۈن خۇشپۇراقلىق بويۇملارنى سېتىۋالدى.
2 ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۇلار بەك بالدۇر، تاڭ سەھەردە

**15:46** مات. 27:60؛ 12:26؛ 12:40؛ لۇقا 23:53.
**1:16** **«شابات كۈنى ئۆتۈشى بىلەنلا»** ــ شابات كۈنى شەنبە كۈنى كەچتە كۈن پېتىشى بىلەن باشلىناتتى. **«... ئەيسانىڭ جەسىتىگە سۈرۈش ئۈچۈن خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى سېتىۋالدى»** ــ ياكى «ئەيسانىڭ جەسىتىگە سۈرۈش ئۈچۈن خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى سېتىۋالغانىدى». بۇ ئىشقا قارىغاندا، ئاياللار ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ھېچ ئويلاپ باقمىغانىدى!
**1:16** مات. 28:1؛ لۇقا 24:1؛ يۇھ. 20:1.

ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈن چىقىشى بىلەن قەبرىگە باردى. [3]ئۇلار ئۆزئارا:
«بىزگە قەبرىنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى كىم دومىلىتىشىپ بېرەر؟»
دېيىشتى. [4]لېكىن ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، تاشنىڭ بىر
يانغا دومىلىتىۋېتىلگىنىنى كۆردى ــ ئەسلىدە ئۇ تاش ناھايىتى
يوغان ئىدى. [5]ئۇلار قەبرىگە كىرگەندە، ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان، ئاق
تون كىيگەن، ياش بىر ئادەمنى كۆردى، ۋە قاتتىق دەككە-دۈككىگە
چۈشتى.
[6]لېكىن ئۇ ئۇلارغا:
دەككە-دۈككىگە چۈشمەڭلار. سىلەر كرېستلەنگۈچى ناسارەتلىك
ئەيسانى ئىزدەۋاتىسىلەر. ئۇ تىرىلدى، ئۇ بۇ يەردە ئەمەس. مانا
ئۇلار ئۇنى قويغان جاي! [7]لېكىن بېرىڭلار، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا
ۋە پېترۇسقا: «ئۇ گالىلىيەگە سىلەردىن ئاۋۋال بارىدىكەن؛ ئۇ
سىلەرگە ئېيتقىنىدەك، سىلەر ئۇنى شۇ يەردە كۆرىدىكەنسىلەر»
دەڭلار، ــ دېدى.
[8]ئۇلار قەبرىدىن چىقىپلا بەدەر قاچتى. ئۇلارنى تىترەك بېسىپ
ھوشىنى يوقىتاي دېگەنىدى؛ بەك قورقۇپ كەتكەچكە، ھېچكىمگە
ھېچنېمىنى ئېيتمىدى.

---

**2:16 «ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى»** ــ يەنى يەكشەنبە كۈنى.

**5:16** مات. 2:28؛ يۇھ. 12:20.

**6:16** مات. 5:28؛ لۇقا 5:24.

**7:16 «..بېرىڭلار، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا ۋە پېترۇسقا: «ئۇ گالىلىيەگە سىلەردىن ئاۋۋال بارىدىكەن؛ ئۇ سىلەرگە ئېيتقىنىدەك، سىلەر ئۇنى شۇ يەردە كۆرىدىكەنسىلەر» دەڭلار»** ــ ماركۇس بىۋاستە دېمىگىنى بىلەن ھەممىمىز بۇ سۆزلىگۈچى «ياش ئادەم»نى پەرىشتە دەپ بىلىمىز (5-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**7:16** مات. 32:26؛ 10:28؛ مار. 28:14؛ روس. 3:1؛ 31:13؛ 1كور. 5:15.

**8:16 «ھېچكىمگە ھېچنېمىنى ئېيتمىدى»** ــ مەنىسى، بەلكىم مۇخلىسلىرىدىن باشقا ھېچكىمگە ئېيتمىدى (مەسىلەن، «مات.» 8:28، 10نى كۆرۈڭ).

**8:16** مات. 8:28؛ لۇقا 9:24؛ يۇھ. 18:20.

## ئەيسانىڭ ماگداللىق مەريەمگە كۆرۈنۈشى

مات. 28:9-10؛ يۇھ. 20:11-18؛ لۇقا 24:13-35

[9]ئەيسا ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە تىرىلگەندىن كېيىن،
ئاۋۋال ماگداللىق مەريەمگە كۆرۈندى. ئۇ ئەسلىدە ئۇنىڭدىن يەتتە
جىننى ھەيدىۋەتكەنىدى. [10]مەريەم چىقىپ، ماتەم تۇتۇپ يىغلىشىپ
تۇرغان، بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارغا خەۋەر بەردى. [11]ئۇنىڭ
تىرىك ئىكەنلىكىنى ۋە مەريەمگە كۆرۈنگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا،
ئۇلار ئىشەنمىدى.

## ئەيسانىڭ ئىككى مۇخلىسىغا كۆرۈنۈشى

[12]بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېزىغا كېتىۋاتقان
ئىككىيلەنگە باشقا سىياقتا كۆرۈندى. [13]بۇلارمۇ قالغانلارنىڭ
يېنىغا قايتىپ، ئۇلارغا خەۋەر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇلارغىمۇ
ئىشەنمىدى.

## ئەيسانىڭ ئون بىر مۇخلىسىغا كۆرۈنۈشى

مات. 28:16-20؛ لۇقا 24:36-49؛ يۇھ. 20:19-23؛ روس. 1:6-8

[14]ئاندىن ئون بىرەيلەن داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتقاندا، ئۇ
ئۇلارغا كۆرۈندى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادسىزلىقى ۋە تاش يۈرەكلىكى
ئۈچۈن ئۇلارنى تەنبىھ بېرىپ ئەيىبلىدى؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ

---

9:16 «ئەيسا ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە تىرىلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ماگداللىق مەريەمگە كۆرۈندى. ئۇ ئەسلىدە ئۇنىڭدىن يەتتە جىننى ھەيدىۋەتكەنىدى...» — 9-20-ئايەتلەر ئىككى قەدىمي كۆچۈرمىدىن باشقا، ھەممە كۆچۈرمىلەردىن تېپىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ «ماركۇس»نىڭ ھەقىقىي بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە ھېچ گۇمانىمىز يوق؛ بىراق مۇشۇ يەردە سەھىپە چەكلىمىسىدىن تولۇق ئىسپات كەلتۈرەلمەيمىز. ئىنگلىزچە بىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ «دىن بۇرگون»نىڭ ««ماركۇس»نىڭ ئاخىرقى ئون ئىككى ئايەتلىرى» دېگەن كىتابىنى ئىنتېرنېتتىن تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

**9:16** لۇقا 8:2؛ يۇھ. 20:14، 16.

**12:16** لۇقا 24:13.

**تىرىلگىنىنى كۆرگەنلەرگە ئىشەنمىگەنىدى.**
**15 ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:**
**پۈتكۈل جاھانغا بېرىپ، يارىتىلغۇچىلارنىڭ ھەربىرىگە خۇش**
**خەۋەرنى جاكارلاڭلار. 16 ئېتىقاد قىلىپ، چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل**
**قىلغانلار قۇتقۇزۇلىدۇ. ئېتىقاد قىلمىغانلار بولسا گۇناھقا**
**بېكىتىلىدۇ.**
**17 ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ئىزلىرىغا مۇشۇنداق مۆجىزىلىك ئالامەتلەر**
**ئەگىشىپ ھەمراھ بولىدۇ: ــ ئۇلار مېنىڭ نامىم بىلەن جىنلارنى**
**ھەيدىۋېتىدۇ؛ ئۇلار يېڭى تىللاردا سۆزلەيدۇ، 18 ئۇلار يىلانلارنى**
**قوللىرىدا تۇتىدۇ، ھەرقانداق زەھەرلىك نەرسىنى ئىچسىمۇ،**
**ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ؛ قوللىرىنى بىمارلارغا تەگكۈزۈپ قويسا،**
**كېسەللىرى ساقىيىپ كېتىدۇ.**

---

**14:16** لۇقا 36:24؛ يۇھ. 19:20؛ 1كور. 5:15.

**15:16** مات. 19:28؛ يۇھ. 16:15.

**16:16** يۇھ. 18:3؛ 48:12.

**17:16** **«يېڭى تىللار»** ــ دېمەك ئۆزى ئۆگەنمىگەن تىللار. «روس.» 2:4-11نى، «1كور.» 12-، 14-بابنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

**17:16** لۇقا 17:10؛ روس. 4:2؛ 16:5؛ 7:8؛ 46:10؛ 18:16؛ 6:19، 12.

18:16 **«ئۇلار يىلانلارنى قوللىرىدا تۇتىدۇ...»** ــ مەسىلەن، «روس.» 28:3-6نى كۆرۈڭ. **«ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ئىزلىرىغا مۇشۇنداق مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ئەگىشىپ ھەمراھ بولىدۇ... ... قوللىرىنى بىمارلارغا تەگكۈزۈپ قويسا، كېسەللىرى ساقىيىپ كېتىدۇ»** ــ ئېنىقكى، ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۈچۈن «مۆجىزىلىك ئالامەتلەر» مەسىھكە ئىمان-ئىشەنچ كەلتۈرگەندىن **كېيىنلا** كېلىدۇ («مۇشۇنداق مۆجىزىلىك ئالامەتلەر **ئەگىشىپ** ھەمراھ بولىدۇ» (17-ئايەت)). «ئالامەتلەرنى كۆرسەم، **ئاندىن** ئىشىنىمەن» دېگۈچىلەر ھەردائىم كۆپ، ئەلۋەتتە.

**18:16** لۇقا 19:10؛ روس. 5:28، 8.

## ئەيسانىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى

لۇقا 24:50-53؛ روس. 1:9-11

[19] شۇڭا رەب ئۇلارغا بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاسمانغا
كۆتۈرۈلدى، خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇردى. [20] مۇخلىسلار چىقىپ،
ھەر يەرگە بېرىپ خۇش خەۋەرنى جاكارلاپ يۈردى. رەب ئۇلار بىلەن
تەڭ ئىشلەپ، سۆز-كالامغا ھەمراھ بولۇپ ئەگەشكەن مۆجىزىلىك
ئالامەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئىسپات بەردى.

---

**19:16 «شۇڭا رەب ئۇلارغا بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇردى»** ــ «شۇڭا» ــ رەب ۋەدە قىلغان «مۆجىزىلىك ئالامەتلەر» پەقەت مۇقەددەس روھ ئارقىلىق بولاتتى؛ ئۇ ئەرشكە كۆتۈرۈلمىگەن بولسا، مۇقەددەس روھ كېلەلمەيتتى. **شۇڭا** (ئۆز سۆز-كالامنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى مۇمكىن قىلىش ئۈچۈن) ئۇ ئەرشكە كۆتۈرۈلمىسە بولمايتتى.

**19:16** لۇقا 24:50، 51؛ روس. 1:9.

**20:16 «رەب ئۇلار بىلەن تەڭ ئىشلەپ...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «رەب ئەيسا ئۇلار بىلەن تەڭ ئىشلەپ...» دېيىلىدۇ.

**20:16** روس. 2:1؛ 3:14؛ 1تىم. 3:16؛ ئىبر. 2:4.

# قوشۇمچە سۆز

«ماركۇس»تىكى بەزى مۇھىم تېمىلار «ماتتا» دېگەن باياندىمۇ تېپىلىدۇ. بىز «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ تېمىلار ئۈستىدە ئازراق توختالدۇق. ھالبۇكى، بىز مۇشۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى مەسىھنىڭ 8:19-21دە خاتىرىلەنگەن بايانغا تارتماقچىمىز: —

«بەش مىڭ كىشىگە بەشناننى ئوشتۇغىنىمدا، پارچىلارغا لىق تولغان قانچە كىچىك سېۋەتنى يىغىۋالدىڭلار؟ — دېدى.

— ئون ئىككىنى، — جاۋاب بەردى ئۇلار.

— يەتتە ناننى تۆت مىڭ كىشىگە ئوشتۇغىنىمدا، پارچىلارغا لىق تولغان قانچە سېۋەتنى يىغىۋالدىڭلار؟ — دېدى ئۇ.

— يەتتىنى، — جاۋاب بەردى ئۇلار.

ئۇ ئۇلارغا:

— ئۇنداقتا، قانداقسىگە سىلەر تېخى چۈشەنمەيسىلەر؟ — دېدى».

بۇ سۆز ماركۇسقا (بەلكىم پېترۇس ئارقىلىق) چوڭقۇر تەسىر يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاجايىب بىر ئىش شۇكى، ئۇ بىز ئۇچۇن يازغان بايانىدا ئەيسانىڭ ئون توققۇز (ئون ئىككى + يەتتە) ئالاھىدە مۆجىزىسىنى خاتىرىلىگەن (تەكىدىشى يوق مۆجىزە، ئۇنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشى بولىدىن سىرت، ئەلۋەتتە). بۇلار تۆۋەندىكىدەك: —

## «ماركۇس»تا خاتىرىلەنگەن ئون توققۇز ئالاھىدە مۆجىزە

(1) ناپاك روھ چاپلاشقان ئادەم (1:10-28)
(2) سىموننىڭ قېيىنئانىسى (1:29-31)
(3) ماخاۋ كېسەللىك بار ئادەمنى ساقايتىشى (1:40-45)
(4) پالەچنى ساقايتىشى (2:1-12)
(5) قولى قۇرۇپ كەتكەن ئادەم (3:1-6)
(6) بوراننى پەسەيتىشى (4:35-41)
(7) «قوشۇن» دېگەن كىشى (5:1-20)

(8) يائىرۇسنىڭ قىزى (5:21-24، 35-43)

(9) خۇن تەۋرەش كېسەللىكى بار ئايال (5:25-34)

(10) بەش مىڭ ئادەمنى غىزالاندۇرۇش (6:35-44)

(11) دېڭىز ئۈستىدە مېڭىش (6:52)

(12) سۇرىيەدىكى ئايالنىڭ قىزى (7:24-30)

(13) گاس ۋە گاچا ئادەم (7:31-37)

(14) تۆت مىڭ ئادەمنى غىزالاندۇرۇش (8:1-9)

(15) بەيت-سائىدادىكى كور ئادەمنى ساقايتىشى (8:22-26)

(16) مەسىھنىڭ سىياقىنىڭ ئۆزگىرىشى (9:1-13)

(17) جىن چاپلاشقان ئوغۇل بالا (9:14-29)

(18) كور بولغان بار-تىمائۇس (10:46-52)

(19) ئەنجۈر دەرىخىگە لەنەت ئوقۇش (11:12-14، 19-25)

رەببىمىز بۇ 19 كارامەت مۆجىزىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى ياراتقان («يۇھ.» 20:30).

ئېشىنىمىزكى، ماركۇس مەسىھنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدە تىلغا ئېلىنغان شۇ «ئون توققۇز سېۋەت نان پارچىلىرى»نى ئۆز بايانىدا تەسۋىرلىگەن ئون توققۇز مۆجىزىگە ئوخشىتىدۇ. ماركۇس بىزگە، ئۇنىڭ بايانىدىكى بۇ ئون توققۇز مۆجىزىنى ئەمەلىيەتتە «پەقەت مەسىھنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ لىق بايلىقلارغا تولغان خەزىنىسىدىن ئېشىپ تاشقان ئازراق «پارچىلىرى» خالاس»، دېمەكچى. قەدىرلىك ئوقۇرمەنىمۇ مۇشۇنداق بىر «پارچە»گە موھتاج بولدىمۇ؟ نېمىشكە ئۇنىڭدىن تىلەشنى كېچىكتۈرىسىز؟

# ئىنجىل 3-قىسىم

# «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»

## كىرىش سۆز

بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى يەھۇدىي مىللىتىدىن بولمىغان تېۋىپ لۇقادۇر. بىز باشقا يەردە، يەنى ئەيسانىڭ يەر يۈزىدىكى هاياتى خاتىرىلەنگەن ئىنجىلدىكى «تۆت بايان»غا بولغان «كىرىش سۆز»ىمىزدە لۇقانىڭ بايانى ئۈستىدە ئازراق توختالغان. شۇڭا مۇشۇ يەردە «لۇقا» توغرۇلۇق ئانچە كۆپ توختالمايمىز، پەقەت ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى قايتىلايمىز: —

(1) لۇقا ئىنتايىن ئەستايىدىل تارىخشۇناستۇر (ھەتتا خۇداسىز ئالىملارمۇ بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ). ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بولغان ۋەقەلەرنى «تەرتىپى بويىچە» (3:1) خاتىرىلىگەن. بىز ئۇنىڭ بۇ دېگىنىنى ئۇ خاتىرىلىگەن بارلىق ۋەقەلەرنى توپ-توغرا تارىخىي تەرتىپكە سالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئويلايمىز. گەرچە ئۇ خاتىرىلىگەن ۋەقەلەرگە «ئۆز كۆزى بىلەن گۇۋاھچى» بولمىسىمۇ، ئۇ پۈتۈن تارىخنى پەقەت «ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن»لەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىققان (1:2-3 ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ) ۋە شۇ يولدا لۇقا ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشىدىن تاكى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىگىچە بولغان كۆپ ۋەقەلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

(2) ئۇ مەسىھ ئەيسانىڭ تولۇق ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىدىغان ئىشلار ۋە ۋەقەلەرنى ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن خاتىرىلەيدۇ. مەسىلەن، مەسىھنىڭ مەريەمدىن تۇغۇلۇشى، خۇدائاتىغا تايىنىشى، مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن يېتەكلىنىشى، ئىچكى ھېسسىياتلىرى، ئاغرىق-سىلاقلارغا، ئېزىلگەن ئانىي-ھاجەتمەنلەرگە ھەمدە «گۇناھكارلار» دەپ كەمسىتىلگەنلەرگە ئىچىنى ئاغرىتىشى ۋە دۇئا-تىلاۋەت قىلىشلىرى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. «لۇقا»نى مەسىھنىڭ بىردىنبىر «ھەقىقىي ئىنسان» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بايان دېگىلى بولىدۇ.

(3) لۇقا تېۋىپ بولۇپ ئەيسا ساقايتقان كېسەللەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋاللىرىغا قىزىقىپ، شۇلارنى تولۇقراق بايان قىلىدۇ. ئۇ يەنە مەسىھنىڭ قىز-ئاياللارغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قىممىتى بار شەخسلەر دەپ قارايدىغان مېھرىبان مۇئامىلىسىگە ئىنتايىن قىزىقىدۇ.

(4) «لۇقا»دىكى مۇھىم تېمىلار: — (ئا) ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆز شەخسىنىڭ ئاجايىبلىقى ۋە تىلسىماتلىرى (ئە) نىجات ۋە نىجاتتىن بولغان ئازادلىق ۋە خۇشاللىق (ب) شۇ نىجاتنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەممە ئەللەردە بولۇشى ئۈچۈن ئەيسانىڭ ئۆز خەلقىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ قۇربانلىق بولۇشقا يېرۇسالېمغا بارغان سەپىرى (9:51-19:48)؛ (پ) ئۇنىڭ يېرۇسالېمدا ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشى، ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى.

## مەزمۇن: -

1. ئەيسانىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە بالىلىق چاغلىرى (1-، 2-بابلار)
2. ئەيسانىڭ چۈمۈلدۈرۈلۈشى ۋە سىنىلىشى (3-بابتىن 4-باب 13-ئايەتكىچە)
3. ئەيسانىڭ گالىلىيەدىكى خىزمىتى (4-باب 14-ئايەتتىن 9-باب 50-ئايەتكىچە)
4. ئەيسانىڭ «يېرۇسالېمغا سەپىرى» (9-باب 51-ئايەتتىن 19-باب 27-ئايەتكىچە)
5. ئەيسانىڭ يېرۇسالېمدىكى خىزمىتى (19-باب 28-ئايەتتىن 21-باب 4-ئايەتكىچە)
6. ئەيسانىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى، ئاخىرقى زامانلارنى ئالدىن ئېيتىشى (21-باب 5-38-ئايەتلەر)
7. ئەيسانىڭ سوراققا تارتىلىشى، ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشى، ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە تىرىلىشى (22-24-بابلار)

# لۇقا

## «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»
## مۇقەددىمە

1 1 گەرچە نۇرغۇن ئادەملەر ئارىمىزدا مۇتلەق ئىشەنچلىك
دەپ قارالغان ئىشلارنى توپلاپ يېزىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، 2 (خۇددى سۆز-كالامغا باشتىن-ئاخىر ئۆز كۆزى بىلەن
گۇۋاھچى بولغانلار، شۇنداقلا ئۇنى ساقلاپ يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ
بىزگە ئامانەت قىلغان بايانلىرىدەك)، 3 مەنمۇ بارلىق
ئىشلارنى باشتىن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن
كېيىن، ئى ھۆرمەتلىك تېئوفىلۇس جانابلىرى، سىلىگە بۇ
ئىشلارنى تەرتىپى بويىچە يېزىشنى لايىق تاپتىم. 4 بۇنىڭدىن

1:1 **«نۇرغۇن ئادەملەر ئارىمىزدا مۇتلەق ئىشەنچلىك دەپ قارالغان ئىشلارنى توپلاپ يېزىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ،...»** — «ئارىمىزدا» — دېمەك ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەنلەر ئارىسىدا. «ئارىمىزدا مۇتلەق ئىشەنچلىك دەپ قارالغان ئىشلار» دېگەنلىكنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئارىمىزدا (تولۇق) ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىشلار». ئىككىلا تەرجىمىسى ئوخشاشلا ئەيسا مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

2:1 **«سۆز-كالام»** — مۇشۇ يەردە ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تاپشۇرغان بارلىق تەلىمىنى كۆرسىتىدۇ. **«ساقلاپ يەتكۈزگۈچىلەر»** — ياكى «غوجىدار» دېگەننىڭ مۇشۇ يەردە ئالاھىدە مەنىسى بار. ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ قىلغان سۆزلىرى ۋە پائالىيەتلىرىگە بولغان ئۆز گۇۋاھچىلىقىنى ئاغزاكى تارىخلارغا ئايلاندۇردى، شۇنداقلا ئۇنى باشقىلارغا يادلىتىپ تاپشۇردى. مۇشۇ «ساقلاپ يەتكۈزگۈچىلەر» بارلىق ئېتىقادچىلارنىڭ جامائىتىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ «كالام-سۆز»نىڭ تارىخلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن مەسئۇل بولغان «ئامانەتچىلەر» ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلىرى بۇ ئاغزاكى تارىخلارنى يېزىشقا كىرىشكەنىدى. لۇقا بولسا بۇ تارىخلارنى (1) تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان (2) ئاندىن ئۇلارنى مۇتلەق ئىشەنچلىك دەپ ئىسپاتلىغان ئەھۋالدا بۇلارنى تەرتىپ بويىچە خاتىرىلىگەنىدى.

3:1 **«مەنمۇ بارلىق ئىشلارنى باشتىن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن...»** — «باشتىن» دېگەن بۇ سۆز گرېك تىلىدا مۇشۇ يەردە ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەنىسى: لۇقا «بايان»ىدا خاتىرىلىگەن بارلىق ۋەقەلەرنى ئۇ پەقەت **ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن**

مەقسەت، سىلى قوبۇل قىلغان تەلىملەرنىڭ مۇتلەق ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىشلىرى ئۈچۈندۇر.

## يەھيا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىن بېشارەت

5 يەھۇدىيە ئۆلكىسىگە پادىشاھ بولغان ھېرود سەلتەنەت قىلغان كۈنلىرىدە، «ئابىيا» كاھىنلىق نۆۋىتىدىن بىر كاھىن بار بولۇپ، ئىسمى زەكەرىيا ئىدى. ئۇنىڭ ئاياللىمۇ ھارۇننىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئىسمى ئېلىزابىت ئىدى. 6 ئۇلار ئىككىسى خۇدانىڭ ئالدىدا ھەققانىي كىشىلەر بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ پۈتۈن ئەمر-بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئەيىبسىز ماڭاتتى. 7 ئەمما ئېلىزابىت

---

**گۇۋاھچىلارنىڭ** ئاغزىدىن ئاڭلاپ خاتىرىلىگەن؛ «باشتىن» يەنە قوشۇمچە: «يۇقىرىدىن»، «ئەرشتىن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ دېمەك، لۇقا بۇ خاتىرىنى يېزىشقا ئەرشتىن بولغان تۈرتكە بار ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۇنى مۇقەددەس روھنىڭ يوليورۇقى ۋە ئىلھامى ئاستىدا يازغان.

**«تېئوفىلۇس»** — مۇنۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق ئىنجىلدىكى «كىرىش سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ. مەنىسى «خۇدانى سۆيگۈچى».

5:1 **««ئابىيا» كاھىنلىق نۆۋىتىدىن بىر كاھىن بار بولۇپ، ئىسمى زەكەرىيا ئىدى** — «ئابىيا» كاھىنلىق نۆۋىتى» «1تار.» 10:24دە، كاھىنلارنىڭ جەمەتىنىڭ ئىبادەتخانىدىكى «دېجورنىلىق» تىزىملىكىنى كۆرسىتىدۇ. كاھىنلارنىڭ (ھەممىسى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى) يىللىق خىزمىتى 24 نۆۋەتكە بۆلۈنەتتى. «كاھىنلىق جەمەتى»دىكىلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىبادەتخانىدا ئىشلەشكە ئۇن بەش كۈن نۆۋەت كېلەتتى. «ئابىيا» نۆۋىتى» بۇ يىگىرمە تۆت نۆۋەتتىن بىرى ئىدى. مىلادىيە بىرىنچى ئەسىردە، كاھىنلارنىڭ سانلىرىغا ئاساسەن، ھەربىر كاھىن ئۆمرىدە «مۇقەددەس جاي»دا خۇشبۇي سېلىشتىن ئىبارەت ئىمتىيازلىق خىزمەتكە بىرلا قېتىم مۇيەسسەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**«ئۇنىڭ ئاياللىمۇ ھارۇننىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ...»** — مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئاكىسى «ھارۇن» بىرىنچى «باش كاھىن» ئىدى؛ كېيىن ئۇنىڭ بارلىق ئەركەك ئەۋلادلىرى كاھىنلىق خىزمىتىدە بولۇشقا مۇيەسسەر ئىدى.

5:1 1تار. 10:24.

6:1 **«ئۇلار ئىككىسى خۇدانىڭ ئالدىدا ھەققانىي كىشىلەر بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ پۈتۈن ئەمر-بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئەيىبسىز ماڭاتتى»** — ئۇلارنىڭ «ھەققانىي» ۋە «ئەيىبسىز» دېيىلگەنلىكى ئۇلارنى «گۇناھسىز» دېگەنلىك ئەمەس. تەۋرات قانۇنى بويىچە كىشىلەر ئۆز گۇناھلىرىنى تونۇپ يېتىپ، شۇنداقلا تەۋرات بويىچە كېرەك بولغان گۇناھنى تىلەيدىغان قۇربانلىقلارنى سۇنغان بولسا، خۇدا ئالدىدا ئەيىبسىز دەپ ھېسابلىناتتى.

**تۇغماس بولغاچقا، ئۇلار پەرزەنت كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلار ئىككىسى خېلىلا ياشىنىپ قالغانىدى.
[8] ئۇ ئۆز تۇركۇمىدىكى كاھىنلار ئارىسىدا ئىبادەتخانىدا نۆۋەتچىلىك
ۋەزىپىسىنى خۇدا ئالدىدا ئادا قىلىۋاتقاندا، [9] شۇ چاغدىكى كاھىنلىق
ئادىتى بويىچە، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ «مۇقەددەس جاي»ىغا كىرىپ
خۇشبۇي سېلىشقا مۇيەسسەر بولۇشقا چەك تاشلىغاندا شۇنداق
بولدىكى، چەك ئۇنىڭغا چىقتى. [10] ئەمدى ئۇ خۇشبۇي سېلىۋاتقان
ۋاقىتتا، جامائەت تاشقىرىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىشىۋاتاتتى. [11] تۇيۇقسىز
پەرۋەردىگارنىڭ بىر پەرىشتىسى ئۇنىڭغا خۇشبۇيگاھنىڭ ئوڭ
تەرىپىدە كۆرۈندى. [12] ئۇنى كۆرگەن زەكەرىيا ھودۇقۇپ قورقۇنچقا
چۆمۈپ كەتتى. [13] بىراق پەرىشتە ئۇنىڭغا:
ئەي زەكەرىيا، قورقمىغىن! چۈنكى تىلىكىڭ ئىجابەت قىلىندى،
ئايالىڭ ئېلىزابىت ساڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ، سەن ئۇنىڭ
ئىسمىنى يەھيا قويغىن. [14] ئۇ ساڭا شاد-خۇراملىق ئېلىپ كېلىدۇ،**

---

7:1 **«... ئېلىزابىت تۇغماس بولغاچقا، ئۇلار پەرزەنت كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىككىسى خېلىلا ياشىنىپ قالغانىدى»** ــ مۇشۇ يەردىن ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىقكى، خۇدادىن قورقىدىغان ئادەم ئايالى تۇغماس بولسىمۇ، نېمىلا بولمىسۇن شۇ سەۋەبتىن ئايالى بىلەن ھەرگىز ئاجراشمايدۇ.

**8:1** 1تار. 24

**9:1** مىس. 7:30؛ لاۋ. 17:16.

10:1 **«ئەمدى ئۇ خۇشبۇي سېلىۋاتقان ۋاقىتتا، جامائەت تاشقىرىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىشىۋاتاتتى»** ــ «‹مۇقەددەس جاي›غا كىرىپ خۇشبۇي سېلىش» ۋەزىپىسى ھەر كۈنى ئەتىگەندە سائەت توققۇزدا ۋە چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، ئىككى قېتىملا ئادا قىلىناتتى («مىس.» 30:7-8).

13:1 **«ئايالىڭ ئېلىزابىت ساڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى يەھيا قويغىن»** ــ «يەھيا» ئىبرانىي ۋە گرېك تىللىرىدا «يۇھاننا» («پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتى» دېگەن مەنىدە) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ («يەھيا» ئەسلى ئەرەبچە سۆز ئىدى). «يەھيا» دېگەن ئىسىم ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇ شەكىلدە تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مۇشۇ تەرجىمىدە ئىشلەتتۇق.

**13:1** لۇقا 60:1.

**ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر شادلىنىدۇ. [15] چۈنكى**
**ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغ بولىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ھاراق-شاراب**
**ئىچمەسلىكى كېرەك؛ ھەتتا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىن**
**تارتىپمۇ مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلغان بولىدۇ. [16] ئۇ ئىسرائىللاردىن**
**نۇرغۇنلىرىنى پەرۋەردىگار خۇداسىنىڭ يېنىغا قايتۇرىدۇ. [17] ئۇ**
**رەبنىڭ ئالدىدا ئىلياس پەيغەمبەرگە خاس بولغان روھ ۋە كۈچ-**
**قۇدرەتتە بولۇپ، ئاتىلارنىڭ قەلبلىرىنى بالىلارغا مايىل قىلىپ،**
**ئىتائەتسىزلەرنى ھەققانىيلارنىڭ ئاقىلانىلىكىگە كىرگۈزۈپ، رەب**
**ئۈچۈن تەييارلانغان بىر خەلقنى ھازىر قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا**
**ماڭىدۇ، ــ دېدى.**
**[18] زەكەرىيا بولسا پەرىشتىدىن: مەنمۇ قېرىپ قالغان، ئايالىممۇ خېلى**
**ياشىنىپ قالغان تۇرسا، بۇ ئىشنى قانداق جەزم قىلالايمەن؟ ــ دەپ**
**سورىدى.**
**[19] پەرىشتە جاۋابەن:**
**مەن خۇدانىڭ ھوزۇرىدا تۇرغۇچى جەبرائىلمەن. ساڭا سۆز قىلىشقا، بۇ خۇش**
**خەۋەرنى ساڭا يەتكۈزۈشكە مەن ئەۋەتىلدىم. [20] ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە**

---

**14:1** لۇقا 1:58.

**15:1** چۆل. 6:1-8؛ ھاك. 13:4.

**16:1** مال. 3:24؛ مات. 11:14.

17:1 **«ئىتائەتسىزلەرنى ھەققانىيلارنىڭ ئاقىلانىلىكىگە كىرگۈزۈپ...»** ــ «ئىتائەتسىزلەر» خۇداغا ئىتائەت قىلمايدىغانلار.
—«ئاقىلانىلىكىگە» گرېك تىلىدا «ھەققانىيلارنىڭ ئويلىرىغا». **« ئۇ رەبنىڭ ئالدىدا ئىلياس پەيغەمبەرگە خاس بولغان روھ ۋە كۈچ-قۇدرەتتە بولۇپ.... رەب ئۈچۈن تەييارلانغان بىر خەلقنى ھازىر قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ...»** ــ مۇشۇ يەردە «رەبنىڭ ئالدىدا» گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ ئالدىدا». بۇ سۆز تەۋراتتىكى «يەش.» 40:1-11، «مال.» 3:1 ۋە 4:5-6گە ئاساسلانغان؛ بۇ ئۇلۇغ بېشارەتلەر بويىچە رەب ئۆزى يەر يۈزىگە كەلمەكچى بولىدۇ؛ بىراق ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ئەۋەتىلگەن «ئالدىن يۈرگۈچى»سى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خەلقنى (توۋىغا كەلتۈرۈپ) تەييارلىشى بىلەن يول تەييارلايدۇ. بېشارەت قىلىنغان بۇ ئەلچى يەھيا ئۆزى ئىدى، ئەلۋەتتە.

**17:1** مال. 3:23-24؛ مات. 3:2؛ مار. 9:12.

**18:1** يار. 17:17.

چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بۇ سۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەنلىكىڭ
تۈپەيلىدىن، بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان كۈنگىچە مانا سەن تىلىڭ
تۇتۇلۇپ، زۇۋانغا كېلەلمەيسەن، ــ دېدى. [21] ئەمدى جامائەت زەكەرىيانى
كۈتۈپ تۇراتتى؛ ئۇلار ئۇ مۇقەددەس جايدا نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا
هايال بولدى، دەپ هەيران قالغىلى تۇردى. [22] ئۇ چىققاندا ئۇلارغا گەپ
قىلالمىدى؛ ئۇنىڭ ئۇلارغا قول ئىشارەتلىرىنى قىلىشىدىن، شۇنداقلا
زۇۋان سۈرەلمىگەنلىكىدىن ئۇلار ئۇنىڭ مۇقەددەس جايدا بىرەر ئالامەت
كۆرۈنۈشنى كۆرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.
[23] شۇنداق بولدىكى، ئۇنىڭ ئىبادەتخانىدىكى خىزمەت مۇددىتى
توشۇشى بىلەنلا، ئۇ ئۆيىگە قايتتى. [24] دەرۋەقە، بىرنەچچە كۈندىن
كېيىن ئۇنىڭ ئايالى ئېلىزابىت هامىلىدار بولدى؛ ئۇ بەش ئايغىچە
تالا-تۈزگە چىقماي: [25] «ئەمدى پەرۋەردىگار مېنىڭ هالىمغا نەزىرىنى
چۈشۈرۈپ، مېنى خالايىق ئارىسىدا نومۇسقا قېلىشتىن خالاس
قىلىپ، ماڭا بۇ كۈنلەردە شۇنچىلىك شاپائەت كۆرسەتتى» ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن بىشارەت

[26-27] ئېلىزابىت هامىلىدار بولۇپ ئالتە ئاي بولغاندا، پەرىشتە
جەبرائىل خۇدا تەرىپىدىن گالىلىيە ئۆلكىسىدىكى ناسارەت دېگەن
بىر شەهەرگە، پاك بىر قىزنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلدى. قىز بولسا داۋۇت
پادىشاهنىڭ جەمەتىدىن بولغان يۈسۈپ ئىسىملىك بىر كىشىگە
دېيىشىپ قويۇلغانىدى؛ قىزنىڭ ئىسمى بولسا مەريەم ئىدى.
[28] جەبرائىل ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭغا:
سالام ساڭا، ئەي شەپقەتكە مۇيەسسەر بولغان قىز! پەرۋەردىگار ساڭا
ياردۇر! ــ دېدى.

---

**25:1** يار. 23:30؛ يەش. 1:4.

**26-27:1** مات. 18:1.

**28:1** **«ئەي شەپقەتكە مۇيەسسەر بولغان قىز!»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «ئەي، قىز-ئاياللار ئىچىدە بەختلىكتۇرسەن!» دېگەن سۆزلەرمۇ قوشۇلىدۇ. 42-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

29 ئۇ پەرىشتىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ سۆزىدىن بەك ھودۇقۇپ كەتتى،
كۆڭلىدە بۇنداق سالام سۆزى زادى نېمىنى كۆرسىتىدىغاندۇ، دەپ
ئويلاپ قالدى. 30 پەرىشتە ئۇنىڭغا:
ئەي مەريەم، قورقمىغىن. سەن خۇدا ئالدىدا شەپقەت تاپقانسەن. 31 مانا،
سەن ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىسەن، سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى
ئەيسا دەپ قويىسەن. 32 ئۇ ئۇلۇغ بولىدۇ، ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ
ئوغلى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ۋە پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنىڭغا ئاتىسى داۋۇتنىڭ
تەختىنى ئاتا قىلىدۇ. 33 ئۇ ياقۇپنىڭ جەمەتى ئۈستىگە مەڭگۈ
سەلتەنەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى تۈگىمەستۇر، ــ دېدى.
34 مەريەم ئەمدى پەرىشتىدىن: ــ مەن تېخى ئەر كىشىگە تەگمىگەن
تۇرسام، بۇ ئىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ــ دەپ سورىدى.
35 پەرىشتە ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ مۇقەددەس روھ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا چۈشىدۇ
ۋە ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ساڭا سايە بولۇپ
يېقىنلىشىدۇ. شۇڭا، سەندىن تۇغۇلىدىغان مۇقەددەس پەرزەنت خۇدانىڭ
ئوغلى دەپ ئاتىلىدۇ. 36 ۋە مانا، تۇغقىنىڭ ئېلىزابىتمۇ ياشىنىپ قالغان

---

31:1 **«سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيسا دەپ قويىسەن»** ــ «ئەيسا» گرېك تىلىدا «يېسۇس»، ئىبرانىي تىلىدا «يەشۇئا»، مەنىسى «قۇتقۇزغۇچى ياھ» ياكى «ياھ نىجاتتۇر». ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، «ياھ» بولسا «ياھۋەھ» (پەرۋەردىگار)نىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. «مات.» 21:1نىمۇ ۋە ئۇنىڭ ئىزاھىتىنى كۆرۈڭ.

**31:1** يەش. 14:7.

32:1 **«پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنىڭغا ئاتىسى داۋۇتنىڭ تەختىنى ئاتا قىلىدۇ»** ــ تەۋراتتىكى كۆپ بېشارەتلەردە قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ (1) داۋۇتنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولىدۇ؛ (2) ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىس بولۇپ ئاۋۋال ئىسرائىلغا، ئاندىن پۈتكۈل دۇنياغا پادىشاھ بولىدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ (مەسىلەن «زەبۇر» 18-كۈي (بولۇپمۇ 43-ئايەت)، 89:26-37، 132:11، «يەش.» 9:6-7، 16:5، «يەر.» 23:5، «ئام.» 9:11-12 «دان.» 2:44، 7:13-14، 27، «مىك.» 5:2-4 قاتارلىقلار).

**32:1** 2سام. 7:12؛ زەب. 132:11؛ يەش. 9:6؛ 54:5.

33:1 **«ياقۇپنىڭ جەمەتى»** ــ پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىنى كۆرسىتىدۇ.

**33:1** 1تار. 22:10؛ زەب. 45:6؛ 89:36؛ يەر. 23:5؛ دان. 7:14، 27؛ مىك. 4:7؛ ئىبر. 1:8.

35:1 **«سەندىن تۇغۇلىدىغان مۇقەددەس پەرزەنت خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىلىدۇ»** ــ ياكى «سەندىن تۇغۇلىدىغان پەرزەنت مۇقەددەس، خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىلىدۇ».

بولىسمۇ، ئوغۇلغا ھامىلىدار بولدى؛ تۇغماس دېيىلگۈچىنىڭ قورساق
كۆتۈرگىنىگە ھازىر ئالتە ئاي بولۇپ قالدى. [37] چۈنكى خۇدا بىلەن
ھېچقانداق ئىش مۇمكىن بولماي قالمايدۇ، ــ دېدى.
[38] مەريەم: ــ مانا پەرۋەردىگارنىڭ دېدەكىمەن؛ ماڭا سۆزۈڭ بويىچە
بولسۇن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى.

## مەريەمنىڭ ئېلىزابەتنى يوقلىشى

[39] مەريەم شۇ كۈنلەردە ئورنىدىن قوپۇپ ئالدىراپ يەھۇدىيە تاغلىق
رايونىدىكى بىر شەھەرگە باردى. [40] ئۇ زەكەرىيانىڭ ئۆيىگە كىرىپ،
ئېلىزابەتقا سالام بەردى. [41] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئېلىزابەت
مەريەمنىڭ سالىمىنى ئاڭلىغاندىلا، قورسىقىدىكى بوۋاق ئويناقلاپ
كەتتى. ئېلىزابەت بولسا مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلۇپ، يۇقىرى ئاۋاز
بىلەن تەنتەنە قىلىپ مۇنداق دېدى:
قىز-ئاياللار ئىچىدە بەختلىكتۇرسەن، قورسىقىڭدىكى مېۋىمۇ
بەختلىكتۇر! [43] ماڭا شۇنداق شەرەپ نەدىن كەلدىكىن، رەببىمنىڭ
ئانىسى بولغۇچى مېنى يوقلاپ كەلدى! [44] چۈنكى مانا، سالىمىڭ
قۇلىقىمغا كىرگەندىلا، قورسىقىمدىكى بوۋاق سۆيۈنۈپ ئويناقلاپ
كەتتى. [45] ئىشەنگەن قىز نەقەدەر بەختلىكتۇر؛ چۈنكى ئۇنىڭغا
پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئېيتىلغان سۆز جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ!

**37:1** ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ مات. 26:19؛ لۇقا 27:18.
41:1 **«قىز-ئاياللار ئىچىدە بەختلىكتۇرسەن، قورسىقىڭدىكى مېۋىمۇ بەختلىكتۇر!»** ــ ئېلىزابەت مەريەمگە ئىبرانىي تىلىدا سۆزلىگەن، ئەلۋەتتە. بۇ ئايەتتىكى «بەختلىك» (گرېك تىلىدا «ماكارئوس») دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلىدا «مۇبارەك» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇشى كېرەك. ئىبرانىي تىلىدا «مۇبارەك»نىڭ مەنىسى: ــ (1) بەختلىك، (2) خۇدا تەرىپىدىن بەرىكەتلەنگەن؛ (3) خەلق تەرىپىدىن بەخت تىلەنگەن ۋە ئۇلۇغلانغان.
45:1 **«ئىشەنگەن قىز نەقەدەر بەختلىكتۇر؛ چۈنكى ئۇنىڭغا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئېيتىلغان سۆز جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەمدى «پەرۋەردىگاردىن ئەۋەتىلگەن سۆز جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ» دەپ ئىشەنگۈچى نەقەدەر بەختلىكتۇر!».
**45:1** لۇقا 28:11.

## مەريەم بېشارەت قىلىپ خۇداغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ

46 مەريەممۇ خۇش بولۇپ مۇنداق دېدى: ــ

«جېنىم رەببىنى ئۇلۇغلايدۇ، 47 روھىم قۇتقۇزغۇچىم خۇدادىن شادلاندى،
48 چۈنكى ئۇ دېدەكنىڭ مىسكىن ھالىغا نەزەر سالدى؛
چۈنكى مانا، شۇندىن باشلاپ بارلىق دەۋرلەر مېنى بەختلىك دەپ ئاتايدۇ؛
49 چۈنكى قادىر بولغۇچى مەن ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛
مۇقەددەستۇر ئۇنىڭ نامى.
50 ئۇنىڭ رەھىم-شەپقىتى دەۋردىن-دەۋرگىچە ئۆزىدىن قورقىدىغانلارنىڭ ئۈستىدىدۇر،
51 ئۇ بىلىكى بىلەن كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلدى،
ئۇ تەكەببۇرلارنى كۆڭلىدىكى نىيەت-خىياللىرى ئىچىدىلا تارمار قىلدى.
52 ئۇ كۈچلۈك ھۆكۈمدارلارنى تەختىدىن چۈشۈردى،
پېقىرلارنى ئېگىز كۆتۈردى.

---

**47:1 «روھىم ... خۇدادىن شادلاندى»** ــ ئەسلىدە گرېك تىلىدا «روھىم ... خۇدادا شادلاندى» ــ (1) خۇدا تۈپەيلىدىن شادلانغانلىقىنى؛ (2) خۇدا بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ شادلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
—ئوقۇرمەن 46- ۋە 47-ئايەتتىن ئىنساننىڭ «جان» ۋە «روھ» ئارىسىدا بولغان مۇناسىۋەتنى كۆرەلەيدۇ ــ خۇدانىڭ ئىشلىرى ئىنساننىڭ روھىدا باشلىنىدۇ ۋە كېيىن «جېنى»دا (دېمەك، ئىنساننىڭ ئويلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىدا) تولۇقلىنىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى كىرىش سۆزىمىزدە «روھ» ۋە «جان» توغرۇلۇق كۆرۈڭ.
**50:1** مىس. 6:20.
**51:1 «ئۇ تەكەببۇرلارنى كۆڭلىدىكى نىيەت-خىياللىرى ئىچىدىلا تارمار قىلدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ كۆڭلىدىكى ئوي-خىياللىرىدا تەكەببۇرلىشىپ كەتكەنلەرنى تارمار قىلدى».
**51:1** زەب. 10:33؛ يەش. 9:51؛ 10:52؛ 1پېت. 5:5.
**52:1** 1سام. 8:2؛ زەب. 6:113.

53 ئۇ ئاچلارنى نازى-نېمەتلەر بىلەن تويۇندۇردى،
لېكىن بايلارنى قۇرۇق قول قايتۇردى.
55-54 ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئېيتقىنىدەك،
يەنى ئىبراھىم ھەم ئۇنىڭ نەسلىگە مەڭگۈ ۋەدە قىلغىنىدەك،
ئۇ ئۆز رەھىم-شەپقىتىنى ئېسىدە تۇتۇپ،
قۇلى ئىسرائىلغا ياردەمگە كەلدى».

56 مەريەم ئېلىزابىتنىڭ يېنىدا ئۈچ ئايچە تۇرۇپ، ئۆز ئۆيىگە قايتتى.

## يەھيا پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى

57 ئېلىزابىتنىڭ تۇغۇتىنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ، بىر ئوغۇل
تۇغدى. 58 ئەمدى ئۇنىڭ قولۇم-قوشنىلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى
پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن مېھىر-شەپقىتىنى شۇنچە
ئۇلغايتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ شادلاندى. 59 ۋە شۇنداق
بولدىكى، بوۋاق تۇغۇلۇپ سەككىز كۈن بولغاندا، خالايىق بالىنىڭ
خەتنىسىنى قىلغىلى كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭغا زەكەرىيا دەپ ئاتىسىنىڭ
ئىسمىنى قويماقچى بولۇشتى. 60 لېكىن ئانىسى جاۋابەن:
ياق! ئىسمى يەھيا ئاتالسۇن ــ دېدى.
61 ئۇلار ئۇنىڭغا: ــ بىراق ئۇرۇق-جەمەتىڭىز ئىچىدە بۇنداق

---

53:1 زەب. 34:9-10

55-54:1 **«ئۇ ئۆز رەھىم-شەپقىتىنى ئېسىدە تۇتۇپ، ...»** ــ «(خۇدانىڭ) ئۆز رەھىم-شەپقىتى» مۇشۇ يەردە بەلكىم تەۋراتتىكى «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاشتۇر. بۇ ئىبارە خۇدا ئىسرائىلنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا قىلغان بارلىق شاپائەتلىك ۋەدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (يۇقىرىقى سۆزنى كۆرۈڭ). **«... قۇلى ئىسرائىلغا ياردەمگە كەلدى»** ــ «ئىسرائىل» مۇشۇ يەردە ئىسرائىل خەلقىنى كۆرسىتىدۇ.

55-54:1 يەش. 30:18؛ 41:9؛ 54:5؛ يەر. 31:2، 20؛ يار. 17:19؛ 22:18؛ زەب. 132:11.

58:1 لۇقا 14:1.

59:1 يار. 17:12؛ لاۋ. 12:3.

60:1 لۇقا 13:1

ئىسمىدىكىلەر يوققۇ! ــ دېيىشتى. [62] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىنىڭ ئاتىسىدىن پەرزەنتىڭىزگە نىمە ئىسىم قويۇشنى خالايسىز، دەپ ئىشارەت بىلەن سوراشتى.
[63] ئۇ بىر پارچە موم تاختاينى ئەكىلىشنى تەلەپ قىلىپ: «ئۇنىڭ ئىسمى يەھيادۇر» دەپ يازدى. ھەممەيلەن ئىنتايىن ھەيران قېلىشتى. [64] شۇئان ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلدى، ئۇنىڭ تىلى يېشىلىپ، زۇۋانغا كەلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن خۇداغا تەشەككۇر-مەدھىيە ئېيتتى. [65] ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قورقۇنچ باستى؛ يەھۇدىيە تاغلىق رايونلىرىدا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەل ئاغزىدا پۇر كەتتى. [66] بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ: «بۇ بالا زادى قانداق ئادەم بولار؟» دېيىشتى. چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ قولى دەرۋەقە ئۇنىڭغا يار ئىدى.

## زەكەرىيانىڭ نىجات-قۇتقۇزۇلۇش ھەققىدىكى بېشارىتى

[67] شۇ چاغدا بالىنىڭ ئاتىسى زەكەرىيا مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلۇپ، ۋەھىي-بېشارەتنى يەتكۈزۈپ، مۇنداق دېدى: ــ
[68] «ئىسرائىلنىڭ خۇداسى پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر-مەدھىيە ئوقۇلسۇن!
چۈنكى ئۇ ئۆز خەلقىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ، بەدەل تۆلەپ ئۇلارنى ھۆر قىلدى.

63:1 **«ئۇنىڭ ئىسمى يەھيادۇر»** ــ گرېك تىلىدا ۋە ئىبرانىي تىلىدا «ئۇنىڭ ئىسمى يۇھاننادۇر»
68:1 **« خۇدا ئۆز خەلقىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ،...»** ــ «يوقلاپ، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىش» دېگەن ئىبارە گرېك تىلىدا «يوقلاش» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تەۋرات ۋە ئىنجىلدا «خۇدانىڭ يوقلىشى» ئۇنىڭ ئىنسانلارغا يېقىن كېلىپ ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«ئۇ خۇدا بەدەل تۆلەپ ئۇلارنى ، يەنى ئۆز خەلقىنى ھۆر قىلدى»** ــ بۇ سۆزلەر ئېيتىلغان ۋاقىت يەھۇدىي خەلقى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىسى ياكى ئۇلارغا بېقىندى ئىدى. «ھۆر بولۇش» مۇشۇ يەردە روھىي ئەركىنلىكنى كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، خۇدانىڭ نەزىرىدە مۇھىم بولغىنى ئەل-يۇرتنىڭ «مۇستەقىللىق»ى ئەمەس، بەلكى ھەربىرىمىزنىڭ گۇناھىمىزدىن ئازاد بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

**[69-71] ئۇ قەدىمدىن بېرى مۇقەددەس پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ۋەدە قىلغىنىدەك،**
**قۇلى بولغان داۋۇتنىڭ جەمەتى ئىچىدىن بىز ئۈچۈن بىر نىجات مۈڭگۈزىنى ئۆستۈرۈپ تۇرغۇزدى؛**
**بۇ زات بىزنى دۈشمەنلىرىمىزدىن ۋە بىزنى ئۆچ كۆرىدىغانلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغۇچى نىجاتتۇر.**
**[72-75] ئۇ شۇ يول بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئىلتىپات ئەيلەپ،**
**مۇقەددەس ئەھدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن،**
**يەنى ئاتىمىز ئىبراھىمغا بولغان قەسىمىنى ئېسىدە تۇتۇپ،**
**بىزنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ،**
**بارلىق كۈنلىرىمىزدە ھېچكىمدىن قورقماي، ئۆز ئالدىدا ئىخلاسمەنلىك ۋە ھەققانىيلىق بىلەن،**
**خىزمەت-ئىبادىتىدە بولىدىغان قىلدى.**
**[76] ئەمدى سەن، ئى بالام،**

---

1:69-71 **«ەدىمدىن بېرى»** ــ گرېك تىلىدا «ئەزەلدىن بېرى». **«قۇلى بولغان داۋۇتنىڭ جەمەتى ئىچىدىن بىز ئۈچۈن بىر نىجات مۈڭگۈزىنى ئۆستۈرۈپ تۇرغۇزدى...»** ــ «مۈڭگۈز» بولسا مەلۇم ئەلنىڭ ياكى ئادەمنىڭ شان-شەرىپىنى، كۈچ-قۇدرىتىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ يەردە بۇ «مۈڭگۈز» ئىسرائىلنى (گۇناھلىرىدىن) قۇتقۇزۇپ ئۇلارنى شان-شەرەپلىك بىر خەلق قىلىدۇ؛ سۆزنىڭ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسەتكەنلىكىدە گۇمان يوق. **«بۇ زات بىزنى دۈشمەنلىرىمىزدىن ۋە بىزنى ئۆچ كۆرىدىغانلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغۇچى نىجاتتۇر»** ــ «بۇ زات» گرېك تىلىدا «ئۇ» دېيىلىپ، مۇشۇ يەردە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «مۈڭگۈز»، يەنى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

**1:69-71** زەب. 17:132؛ زەب. 72:1-14؛ يەش. 10:40؛ يەر. 6:23؛ 10:30؛ دان. 9:27.

1:72-75 **«ئۇ... مۇقەددەس ئەھدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەنى ئاتىمىز ئىبراھىمغا بولغان قەسىمىنى ئېسىدە تۇتۇپ، بىزنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ، بارلىق كۈنلىرىمىزدە ھېچكىمدىن قورقماي، ئۆز ئالدىدا ئىخلاسمەنلىك ۋە ھەققانىيلىق بىلەن، خىزمەت-ئىبادىتىدە بولىدىغان قىلدى»** ــ قايتىلايمىزكى، بۇ بارلىق ئىشلاردا: (1) خۇدا ئىبراھىم ۋە پەيغەمبەرلەرگە نىجات توغرۇلۇق كۆپ ۋەدىلەرنى قىلغان؛ (2) ئۇ بۇ ۋەدىلەرگە ئاساسەن، ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەسىھنى ئەۋەتىدۇ. ھەممە ئىشلار 69-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «نىجات مۈڭگۈزى»، يەنى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئارقىلىقلا بولىدۇ.

**1:72-75** يار. 16:22؛ زەب. 9:105؛ يەر. 33:31؛ ئىبر. 6:13، 17؛ ئىبر. 9:14؛ 1پېت. 1:15.

ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئاتىلىسەن؛
چۈنكى سەن رەبنىڭ يوللىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا
ماڭىسەن.
[77] ۋەزىپەڭ ئۇنىڭ خەلقىگە گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى
ئارقىلىق بولىدىغان نىجاتنىڭ خەۋىرىنى بىلدۈرۈشتۇر؛
[78-79] چۈنكى خۇدايىمىزنىڭ ئىچى-باغرىدىن ئۇرغۇپ چىققان شەپقەتلەر
ۋەجىدىن،
قاراڭغۇلۇق ۋە ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ئىچىدە ئولتۇرغانلارنى يورۇتۇش
ئۈچۈن،
پۇتلىرىمىزنى ئامانلىق يولىغا باشلاش ئۈچۈن،
ئەرشتىن تاڭ شەپىقى ئۈستىمىزگە چۈشۈپ يوقلىدى.
[80] بالا بولسا ئۆسۈپ، روھتا كۈچلەندۈرۈلدى. ئۇ ئىسرائىل
جامائىتىنىڭ ئالدىدا نامايان قىلىنغۇچە چۆللەردە ياشاپ كەلدى.

---

76:1 **«...سەن رەبنىڭ يوللىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭىسەن»** — گرېك تىلىدا «سەن رەبنىڭ يوللىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزى ئالدىداماڭىسەن».

**76:1** لۇقا 17:1؛ مال. 23:3.

**77:1** لۇقا 3:3.

78-79:1 **«خۇدايىمىزنىڭ ئىچى-باغرىدىن ئۇرغۇپ چىققان شەپقەتلەر ۋەجىدىن، قاراڭغۇلۇق ۋە ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ئىچىدە ئولتۇرغانلارنى يورۇتۇش ئۈچۈن...»** — «يەش.» 9:1-2، 7:42، 9:49-10نى كۆرۈڭ. **«ئەرشتىن تاڭ شەپىقى ئۈستىمىزگە چۈشۈپ يوقلىدى»** — «تاڭ شەپىقى» بولسا يەنە قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**78-79:1** يەش. 1:9؛ 7:42؛ 8:43؛ 9:49؛ 1:60.

80:1 **«بالا بولسا ئۆسۈپ، روھتا كۈچلەندۈرۈلدى»** — «روھ» مۇشۇ يەردە يەھيانىڭ ئۆز روھىنى كۆرسىتىدۇ.

**80:1** لۇقا 40:2.

## ئەيسانىڭ دۇنياغا كېلىشى

مات. 1:18-25

2 [1]ئەمدى شۇ كۈنلەردە، رىم ئىمپېراتورى قەيسەر ئاۋغۇستۇستىن
بارلىق خەلقتىن باج ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روyخېتى
تىزىملانسۇن دەپ پەرمان چۈشتى. [2]تۇنجى قېتىملىق بۇ نوپۇس
تىزىملاش كىرىنىيۇس سۇرىيە ئۆلكىسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان
ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغانىدى. [3]شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم نوپۇسقا
تىزىملىنىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىش كېرەك بولدى.
[4]يۈسۈپمۇ داۋۇت پادىشاھنىڭ جەمەتىدىن بولغاچقا، شۇنداقلا
ئۇنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولغاچقا، گالىلىيە ئۆلكىسىدىكى
ناسارەت شەھىرىدىن ئايرىلىپ، يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىكى،
داۋۇتنىڭ يۇرتى بەيت-لەھەم دېگەن شەھەرگە كەتتى. [5]نوپۇسقا
تىزىملىنىش ئۈچۈن لايىقى، بولغۇسى ئايالى مەريەممۇ بىللە
باردى. مەريەم ھامىلدار بولۇپ، قورسىقى خېلىلا يوغىناپ
قالغانىدى. [6]ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلار بەيت-لەھەمدە تۇرغان
ۋاقىتتا مەريەمنىڭ تۇغۇتىنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ قالدى.
[7]بىراق سارايدا ئۇلارغا ئورۇن بولمىغاچقا، مەريەم شۇ يەردە

---

2:1 **«قەيسەر ئاۋغۇستۇس»** — «قەيسەر» رىم ئىمپېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇنۋانى. «قەيسەر ئاۋغۇستۇس» بولسا رىم ئىمپېرىيەسى ئۇستىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 27-يىلدىن مىلادىيە 14-يىلغىچە سەلتەنەت قىلدى.

2:2 **«تۇنجى قېتىملىق بۇ نوپۇس تىزىملاش كىرىنىيۇس سۇرىيە ئۆلكىسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغانىدى»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «بۇ روyخەت كىرىنىيۇسنىڭ سۇرىيە ئۆلكىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقتىدىكى تۇنجى قېتىملىق نوپۇس تىزىملاش ئىدى».

2:4 **«داۋۇت پادىشاھنىڭ جەمەتىدىن بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولغاچقا...»** — دېمەك، يۈسۈپنىڭ داۋۇتنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك. **«داۋۇتنىڭ يۇرتى بەيت-لەھەم دېگەن شەھەر»** — «شەھەر» دېيىلگىنى بىلەن بەيت-لەھەم ئىنتايىن كىچىك بىر يۇرت ئىدى؛ ئۇ يېرۇسالېمدىن ئون ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا.

**2:4** 1سام. 16؛ مىك. 5:1؛ مات. 1:1؛ يۇھ. 7:42.

تۇنجى ئوغلىنى تۇغقاندا ئۇنى زاكىلاپ، ئېغىلدىكى ئوقۇرغا ياتقۇزدى.

## پەرىشتىلەرنىڭ پادىچىلارغا كۆرۈنۈشى

[8] شۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى پادىچىلار دالادا تۇراتتى؛ ئۇلار كېچىچە
تۈنەپ، پادىسىغا قارايتتى. [9] ۋە مانا، پەرۋەردىگارنىڭ بىر پەرىشتىسى
ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى؛ پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق شەرىپى ئۇلارنىڭ
ئەتراپىنى يورۇتۇۋەتتى. ئۇلار ئىنتايىن بەك قورقۇپ كەتتى. [10] بىراق
پەرىشتە ئۇلارغا:
قورقماڭلار! چۈنكى مانا، پۈتۈن خەلققە خۇشاللىق بولىدىغان بىر
خۇش خەۋەرنى سىلەرگە ئېلان قىلىمەن. [11] چۈنكى بۈگۈن داۋۇتنىڭ
شەھىرىدە سىلەر ئۈچۈن بىر قۇتقۇزغۇچى تۇغۇلدى. ئۇ — رەب
مەسىھدۇر! [12] ئۇنى تېپىشىڭلار ئۈچۈن شۇ ئالامەت بولىدۇكى، بوۋاقنى
زاكىلانغان ھالدا بىر ئوقۇردا ياتقان پېتىدە تاپىسىلەر، — دېدى.
[13] بىردىنلا، پەرىشتىنىڭ ئەتراپىدا زور بىر توپ ساماۋى قوشۇندىكىلەر
پەيدا بولۇپ، خۇدانى مەدھىيىلەپ:

[14] «ئەرشئەلادا خۇداغا شان-شەرەپلەر بولغاي!
يەر يۈزىدە بولسا ئۇ سۆيۈندىغان بەندىلىرىگە ئارام-خاتىرجەملىك

---

7:2 **«مەريەم شۇ يەردە تۇنجى ئوغلىنى تۇغقاندا ...»** — ئەيسا مەسىھ قاچان تۇغۇلدى؟ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ ئىش توغرۇلۇق توختىلىمىز.

**7:2** مات. 25:1.

12:2 **«بوۋاقنى زاكىلانغان ھالدا بىر ئوقۇردا ياتقان پېتىدە تاپىسىلەر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىر ئوقۇردا ياتقان، زاكىلانغان بىر بوۋاقنى تاپىسىلەر».

13:2 **«ساماۋى قوشۇندىكىلەر»** — پەرىشتىلەر.

**13:2** دان. 10:7؛ ۋەھ. 11:5.

بولسۇن!» دېيىشتى.
[15] پەرىشتىلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋىدى،
پادىچىلار بىر-بىرىگە:
بەيت-لەھەمگە يول ئېلىپ، پەرۋەردىگار بىزگە ئۇقتۇرغان، ئەمەلگە
ئاشۇرغان بۇ ئىشنى كۆرۈپ كېلەيلى، ــ دېيىشتى.
[16] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىراپ شەھەرگە بېرىپ، مەريەم بىلەن
يۈسۈپنى ۋە ئوقۇردا ياتقان بوۋاقنى ئىزدەپ تاپتى. [17] پادىچىلار بوۋاقنى
كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەرنى
كەڭ تارقىتىۋەتتى. [18] بۇنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى پادىچىلارنىڭ
دېگەنلىرىگە ئىنتايىن ھەيران قېلىشتى. [19] مەريەم بولسا بۇ
ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ يۈرەتتى.
[20] پادىچىلار كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن خۇدانى
ئۇلۇغلاپ، مەدھىيە ئوقۇشقان پېتى قايتىشتى؛ بارلىق ئىشلار دەل
ئۇلارغا خەۋەرلەندۈرۈلگەندەك بولۇپ چىققانىدى.

## يۈسۈپ ۋە مەريەمنىڭ ئەيسانى خۇداغا ئاتىشى

[21] بوۋاقنى خەتنە قىلىش ۋاقتى، يەنى سەككىزىنچى كۈنى توشقاندا،
ئۇنىڭغا ئەيسا دەپ ئىسىم قويۇلدى. پەرىشتە بۇ ئىسىمنى ئۇ تېخى
ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدا ئاپىرىدە بولمايلا قويغانىدى.
[22] ئەمدى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە يۈسۈپ بىلەن
مەريەمنىڭ پاكلىنىش ۋاقتى توشقاندا ئۇلار بالىنى پەرۋەردىگارغا

---

14:2 **«يەر يۈزىدە بولسا ئۇ سۆيۈندىغان بەندىلىرىگە ئارام-خاتىرجەملىك بولسۇن!» ــ** باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «يەر يۈزىدە ئىنسانلارغا ئامانلىق، شاپائەت بولسۇن!»

**14:2** يەش. 19:57؛ ئەف. 17:2.

**21:2** يار. 12:17؛ لاۋ. 3:12؛ مات. 21:1؛ لۇقا 31:1؛ يۇھ. 22:7.

ئاتاپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى 23 (پەرۋەردىگارنىڭ
تەۋرات قانۇنىدا: «بارلىق تۇنجى ئوغۇل پەرۋەردىگارغا مۇقەددەس
مەنسۇپ ئاتىلىشى كېرەك» دەپ يېزىلغىنىدەك) 24 ۋە شۇنداقلا
پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات قانۇنىدا دېيىلگىنى بويىچە، بىر جۈپ
پاختەك ياكى ئىككى كەپتەر باچكىسىنى قۇربانلىققا سۇنۇش كېرەك
ئىدى.
25 ۋە مانا شۇ چاغلاردا، يېرۇسالېمدا سىمېئون ئىسىملىك بىر كىشى
تۇراتتى. ئۇ ھەم ھەققانىي ۋە ئىخلاسمەن ئادەم بولۇپ، «ئىسرائىلغا
تەسەللى بەرگۈچى»نى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەنىدى. مۇقەددەس
روھ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يار ئىدى. 26 ئۇ مۇقەددەس روھتىن كەلگەن
ۋەھىيدىن ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ مەسىھىنى كۆرمىگۈچە ئۆلۈم
كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. 27 ئۇ مۇقەددەس روھنىڭ باشلىشى
بىلەن ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىلىرىغا كىردى؛ ئاتا-ئانىسى تەۋراتتا
بېكىتىلگەن ئادەتنى بېجىرىش ئۈچۈن بوۋاق ئەيسانى كۆتۈرۈپ

---

2:22 **«يۇسۇپ بىلەن مەريەمنىڭ پاكلىنىش ۋاقتى توشقاندا...»** — گرېك تىلىدا «ئۇلارنىڭ پاكلىنىش ۋاقتى توشقاندا...». مەريەمنىڭ قىرىقى توشقاندا، ئۆزى ۋە مەلۇم ئەھۋالدا يۇسۇپ ئىككىسى تەۋرات قانۇنى بويىچە «پاكلىنىش»ى كېرەك بولاتتى («لاۋ.» 12:2-4، «مىس.» 13:2نى كۆرۈڭ.

**2:22** لاۋ. 12:6.

2:23 **«بارلىق تۇنجى ئوغۇل»** — گرېك تىلىدا «بارلىق بالىياتقۇنى (تۇنجى) ئاچقان بالا». **««بارلىق تۇنجى ئوغۇل پەرۋەردىگارغا مۇقەددەس مەنسۇپ ئاتىلىشى كېرەك» دەپ يېزىلغىنىدەك...»** — بۇ مۇقەددەس قانۇندىكى ئەمرلەر «مىس.» 22:29، 34:19، «لاۋ.» 12:1-8، «چۆل.» 3:44-47نى كۆرۈڭ.

**2:23** مىس. 13:2، 12؛ چۆل. 3:13؛ 8:16، 17.

2:24 **«پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات قانۇنىدا دېيىلگىنى بويىچە، بىر جۈپ پاختەك ياكى ئىككى كەپتەر باچكىسىنى قۇربانلىققا سۇنۇش كېرەك»** — تەۋرات قانۇنى بويىچە، ئايالنىڭ تۇغۇتتىن كېيىن تازىلىنىشى ئۈچۈن (نامرات بولسا) مۇشۇنداق كەپتەر قۇربانلىقىنى (يېرۇسالېمدىكى) ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ، سويۇپ سۇنۇش ئۈچۈن مەسئۇل كاھىنغا تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

**2:24** لاۋ. 12:8.

2:25 **«ئىسرائىلغا تەسەللى بەرگۈچى»** — مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

# قانائان (پەلەستىن) زېمىنى — ئىنجىل دەۋرىدە



كىرگەندە، 28 سىمېئون بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ، خۇداغا تەشەككۇر-
مەدھىيە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: ــ
29 «ئەمدى، ئى ئىگەم، هازىر سۆزۈڭ بويىچە قۇلۇڭنىڭ بۇ ئالەمدىن
خاتىرجەملىك بىلەن كېتىشىگە يول قويغايسەن؛
30 چۈنكى ئۆز كۆزۈم سېنىڭ نىجاتىڭنى كۆردى،
31 ئۇنى بارلىق خەلقلەر ئالدىدا هازىرلىغانسەن؛
32 ئۇ ئەللەرگە ۋەھىي بولىدىغان نۇر،
ۋە خەلقىڭ ئىسرائىلنىڭ شان-شەرىپىدۇر!»
33 بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى بالا ھەققىدە ئېيتىلغانلارغا ئىنتايىن
ھەيران قېلىشتى. 34 سىمېئون ئۇلارغا بەخت تىلەپ، ئاپىسى مەريەمگە
مۇنداق دېدى:
مانا! بۇ بالا ئىسرائىلدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يىقىلىشى ۋە
نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن تەيىنلەندى، شۇنداقلا
كىشىلەر قارشى چىقىپ ھاقارەتلەيدىغان، خۇدانىڭ بېشارەتلىك
ئالامىتى بولىدۇ. 35 شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى
غەرەزلىرى ئاشكارىلىنىدۇ ــ ۋە بىر قىلىچمۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭگە
سانجىلىدۇ!

---

29:2 **««ئەمدى، ئى ئىگەم، هازىر سۆزۈڭ بويىچە قۇلۇڭنىڭ بۇ ئالەمدىن خاتىرجەملىك بىلەن كېتىشىگە يول قويغايسەن..»** ــ سىمېئون ئۆزىنىڭ ئۆمۈرۋايەت تەقەززا بولغىنىنى (يەنى خۇدا ئۆز سۆزىدە تۇرۇپ، ئەۋەتكەن مەسىھنى) كۆرگەندىن كېيىن دۇنيادىن كېتىشكە رازى بولىدۇ.

**29:2** يار. 30:46.

**30:2** زەب. 2:98-3؛ يەش. 10:52.

31:2 **«ئۇنى بارلىق خەلقلەر ئالدىدا هازىرلىغانسەن...»** ــ «ئۇ» ــ خۇدانىڭ نىجاتى، يەنى مەسىھ.

**31:2** روس. 28:28.

32:2 **«يات ئەللەر»** ــ مۇشۇ يەردە يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدا يات ئەللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەقىقىي خۇدانى تونۇماي، بۇتلارغا چوقۇنغانىدى.

**32:2** يەش. 6:42؛ 6:49؛ روس. 47:13.

**34:2** يەش. 14:8؛ رىم. 32:9؛ 1پېت. 8:2.

35:2 **«... ۋە بىر قىلىچمۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭگە سانجىلىدۇ!»** ــ گرېك تىلىدا «قىلىچ» مۇشۇ

36 شۇ يەردە ئاشىر قەبىلىسىدىن بولغان فانۇئىلنىڭ قىزى ئاننا
ئىسىملىك خېلى ياشانغان بىر ئايال پەيغەمبەرمۇ بار ئىدى. ئۇ قىز
ۋاقتىدا ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يەتتە يىل بىللە يا
شاپ، 37 ئاندىن سەكسەن تۆت يىل تۇل تۇرغان ئىدى. ئۇ ئىبادەتخانا
هويلىلىرىدىن چىقماي، كېچە-كۈندۈز روزا تۇتۇشلار ۋە دۇئالار
بىلەن خۇداغا ئىبادەت قىلاتتى. 38 ئۇ دەل شۇ پەيتتە يېتىپ كېلىپ
پەرۋەردىگارغا تەشەككۈر ئېيتتى، ھەمدە يېرۇسالېمدا نىجات-
ھۆرلۈكنى كۈتۈۋاتقان بارلىق خالايىققا بالا توغرىسىدا سۆز قىلدى.
39 يۈسۈپ بىلەن مەريەم تەۋراتتا بېكىتىلگەن بارلىق ئىشلارنى ئادا
قىلغاندىن كېيىن، گالىلىيەگە، ئۆز شەھىرى ناسارەتكە قايتتى. 40 بالا
بولسا ئۆسۈپ، دانا-ئاقىلانىلىك بىلەن تولۇپ، روھتا كۈچلەندۈرۈلدى،
خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى.

## ياش ئەيسا ئىبادەتخانىدا

41 ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ھەر يىلى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا يېرۇسالېمغا
باراتتى. 42 ئەيسا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى، ئۇلار ئۇنى ئېلىپ،

---

يەردە يوغان، ئىككى بىسلىق بىرخىل قىلىچنى كۆرسىتىدۇ. مەريەمنىڭ كۆڭلىگە سانجىغان ئىشلار ئوغلىنىڭ ئىسرائىل تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ، ئازاب-ئوقۇبەت تارتقۇزۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگىنىدىن بولغان دەرد-ئەلەمنى كۆرسىتىدۇ.

36:2 **«ئاشىر قەبىلىسىدىن بولغان فانۇئىلنىڭ قىزى ئاننا ئىسىملىك خېلى ياشانغان بىر ئايال پەيغەمبەر...»** ــ گرېك تىلىدا «ئاننا» ئىبرانىي تىلىدا «ھانناھ» دېيىلگەن.

37:2 **«ئاندىن سەكسەن تۆت يىل تۇل تۇرغان ئىدى...»** ــ ياكى «ئۇ تۇل قالغانىدى. ئۇ سەكسەن تۆت ياشقا كىرگەن بولۇپ،...».

**37:2** 1سام. 22:1.

38:2 **«نىجات-ھۆرلۈكنى كۈتۈۋاتقان بارلىق خالايىق»** ــ مۇشۇ يەردە «نىجات-ھۆرلۈك» **خۇدانىڭ** بەدەل تۆلەپ، گۇناھلاردىن خالاس قىلغان روھىي ئازادلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

40:2 **«بالا بولسا ئۆسۈپ، دانا-ئاقىلانىلىك بىلەن تولۇپ، روھتا كۈچلەندۈرۈلدى»** ــ «روھ» مۇشۇ يەردە ئەيسانىڭ ئۆز (ئىنسانىي) روھىنى كۆرسىتىدۇ.

**40:2** لۇقا 1:80.

**41:2** مىس. 15:23، 17؛ لاۋ. 5:23؛ قان. 1:16.

هېيتنىڭ ئادىتى بويىچە يەنە چىقىپ باردى. 43 ھېيت كۈنلىرىنى
ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، بالا ئەيسا
يېرۇسالېمدا قالدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى،
44 بەلكى ئۇنى سەپەرداش-ھەمراھلىرى بىلەن بىللە كېلىۋاتىدۇ،
دەپ ئويلاپ، بىر كۈن يول يۈردى. ئاندىن ئۇلار ئۇنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى
ۋە دوست-بۇرادەرلىرى ئارىسىدىن ئىزدەشكە باشلىدى؛ 45 ئىزدەپ
تاپالماي، ئۇلار كەينىگە يېنىپ يېرۇسالېمغا بېرىپ يەنە ئىزدىدى.
46 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار ئۇنى ئىبادەتخانا
هويلىسىدا تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ
تەلىملىرىنى ئاڭلاۋاتقان ھەم ئۇلاردىن سوئال سوراۋاتقانىنىڭ ئۈستىدە
تاپتى. 47 ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
چۈشەنچىسىگە ۋە بەرگەن جاۋابلىرىغا ئىنتايىن ھەيران قېلىشتى.
48 ئاتا-ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيرانۇھەس بولۇشتى، ئۇنىڭ
ئانىسى ئۇنىڭغا:
ۋاي بالام! نېمىشقا بىزگە شۇنداق مۇئامىلە قىلدىڭ؟ ئاتاڭ
ئىككىمىز پاراكەندە بولۇپ سېنى ئىزدەپ كەلدۇق! — دېدى.
49 ئۇ ئۇلارغا: — نېمىشقا مېنى ئىزدىدىڭلار؟ ئەجەبا، مېنىڭ ئاتامنىڭ
ئىشلىرىدا بولۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلمەمتىڭلار؟ — دېدى. 50 لېكىن
ئۇلار ئۇنىڭ ئۇلارغا ئېيتقىنىنى چۈشەنمىدى.

**46:2 «ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار ئۇنى ئىبادەتخانا هويلىسىدا تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ ئارىسىدا .. تاپتى»** — «ئۈچىنچى كۈنى» گرېك تىلىدا «ئۈچ كۈندىن كېيىن». بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم يېرۇسالېمدىن ئايرىلىپ ئۆيگە قاراپ مېڭىشتا بىر كۈن، يېرۇسالېمغا قايتىشتا بىر كۈن، ئاندىن يېرۇسالېمدا تۇرۇپ ئىزدەشكە بىر كۈن كەتكەنىدى، دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن.

**47:2** مات. 28:7؛ مار. 22:1؛ لۇقا 22:4، 32؛ يۇھ. 15:7.

**49:2 «ئەجەبا، مېنىڭ ئاتامنىڭ ئىشلىرىدا بولۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلمەمتىڭلار؟»** — يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىسى ۋە كۆزقارىشى بويىچە، بالا ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە: (1) تولۇق تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا مەسئۇلىيىتى بولىدۇ؛ (2) ئاتىسىنىڭ ئىش-خىزمىتىگە شېرىك بولىدۇ.
—مۇشۇ يەردە باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئاتامنىڭ ئۆيىدە بولۇشۇم كېرەكلىكىم...».

**50:2** لۇقا 9:45؛ 18:34.

[51] ئاندىن ئۇ ئۇلار بىلەن ناسارەتكە قايتتى ۋە ئۇلارنىڭ گېپىگە
ئىزچىل بويسۇناتتى. لېكىن ئانىسى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى
كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. [52] شۇنداق قىلىپ، ئەيسا ئاقىلانىلىك-
دانالىقتا ۋە قامەتتە يېتىلىپ، خۇدا ۋە كىشىلەر ئالدىدا بارغانسېرى
سۆيۈملەكتە ئىدى.

## يەھيا پەيغەمبەرنىڭ تەلىم بېرىشى

مات. 3:1-12؛ مار. 1:1-8؛ يـۇھ. 1:19-28

3 [1] رىم ئىمپېراتورى تىبېرىئۇس قەيسەرنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون
بەشىنچى يىلى، پونتىئۇس پىلاتۇس يەھۇدىيە ئۆلكىسىنىڭ
ۋالىيسى، ھېرود خان گالىلىيە ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى، ھېرود خاننىڭ
ئىنىسى فىلىپ خان ئىتۇرىيە ۋە تراخونىتىس ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى،
لىسانىياس خان ئابىلىنىي ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى بولغاندا،
[2] ھانناس ھەم قايافا باش كاھىنلىق قىلىۋاتقاندا، خۇدانىڭ سۆز-
كالامى چۆلدە ياشاۋاتقان زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھياغا كەلدى.

---

52:2 1سام. 2:26؛ لۇقا 1:80.

1:3 **«رىم ئىمپېراتورى تىبېرىئۇس قەيسەرنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون بەشىنچى يىلى»** — بىزنىڭ ھېسابلىشىمىزچە تىبېرىئۇس قەيسەر مىلادىيە 13-يىلى 27-ئىيۇن ئىمپېراتور دەپ جاكارلانغان. شۇڭا يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىلغا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى، شۇنداقلا مەسىھنىڭ كەلگەنلىكىنى جار سېلىشقا باشلىغانلىقى مىلادىيە 28-يىلى بولسا كېرەك ئىدى. **«ھېرود خان گالىلىيە ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى، ھېرود خاننىڭ ئىنىسى فىلىپ خان ئىتۇرىيە ۋە تراخونىتىس ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى، لىسانىياس خان ئابىلىنىي ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى بولغاندا...»** — مۇشۇ ئايەتتە ئۈچ قېتىم ئىشلىتىلگەن «ھاكىم» دېگەن سۆز گرېك تىلىدا «تېترارق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «تېترارق» دېگەننىڭ تولۇق مەنىسى «(زېمىننىڭ) تۆتتىن بىر قىسمى ئۈستىدىكى ھاكىم». «تېترارق» دېگەن مەرتىۋە «ۋالىي»دىن تۆۋەن ئىدى.

3 ئۇ ئىئوردان دەرياسى ۋادىسىدىكى بارلىق رايونلارنى كېزىپ،
كىشىلەرگە گۇناھلارغا كەچۈرۈم ئېلىپ كېلىدىغان، توۋا قىلىشنى
بىلدۈرىدىغان سۇغا «چۆمۈلدۈرۈش»نى جاكارلاشنى باشلىدى.
4 خۇددى تەۋراتتىكى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن
قىسمىدا پۈتۈلگەندەك:
«باياۋاندا توۋلىغۇچى بىر كىشىنىڭ:
رەببىنىڭ يولىنى تەييارلاڭلار،
ئۇنىڭ يوللىرىنى تۈز قىلىڭلار! ــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
5 بارلىق جىلغىلار تولدۇرۇلىدۇ،
بارلىق تاغ-دۆڭلەر پەسلىتىلىدۇ؛
ئەگرى-توقاي جايلار تۈزلىنىدۇ،
ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەرلەر تەكشى يوللار قىلىنىدۇ.
6 شۇنداق قىلىپ، بارلىق ئەت ئىگىلىرى خۇدانىڭ نىجاتىنى
كۆرەلەيدىغان بولىدۇ! ــ دەپ توۋلايدۇ».

---

2:3 **«... ھانناس ھەم قايافا باش كاھىنلىق قىلىۋاتقاندا، خۇدانىڭ سۆز-كالامى چۆلدە ياشاۋاتقان زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھياغا كەلدى»** ــ بۇ 1-2-ئايەتتە خۇدا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك ــ دۇنيادا شۇنچە مۆھتەرەم ئەربابلار بولغىنى بىلەن، ئۇ ئۆز سۆز-كالامىنى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئامانەت قىلغان ئەمەس، بەلكى چۆلدە ياشاۋاتقان نامەلۇم بىر يەھۇدىيغا تاپشۇردى

**2:3** روس. 6:4.

3:3 **«يەھيا پەيغەمبەر... كىشىلەرگە گۇناھلارغا كەچۈرۈم ئېلىپ كېلىدىغان، توۋا قىلىشنى بىلدۈرىدىغان سۇغا «چۆمۈلدۈرۈش»نى جاكارلاشنى باشلىدى»** ــ «كىشىلەرگە گۇناھلارغا كەچۈرۈم ئېلىپ كېلىدىغان، توۋا قىلىشنى بىلدۈرىدىغان سۇغا «چۆمۈلدۈرۈش»: ــ باشقىچە ئېيتقاندا، «يامان يوللىرىڭلاردىن يېنىپ، توۋا قىلىڭلار! توۋا قىلغانلىقىڭلارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىڭلار. شۇنداق قىلغاندا، خۇدا سىلەرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ!» ــ دېگەندەك.

**3:3** مات. 1:3؛ مار. 4:1.

**4:3** يەش. 40:3-5؛ مات. 3:3؛ مار. 3:1؛ يۇھ. 23:1.

6:3 **«بارلىق ئەت ئىگىلىرى خۇدانىڭ نىجاتىنى كۆرەلەيدىغان بولىدۇ!»** ــ «يەش.» 40:3-5.

**6:3** زەب. 2:98-3؛ يەش. 40:3-5؛ 10:52.

7 يەھيا ئەمدى ئالدىغا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا چىققان توپ-
توپ خالايىققا:
ئەي زەھەرلىك يىلان باللىرى! كىم سىلەرنى خۇدانىڭ چۈشۈش
ئالدىدا تۇرغان غەزىپىدىن قېچىڭلار دەپ ئاگاھلاندۇردى؟! 8 ئەمدى
توۋىغا لايىق مېۋىلەرنى كەلتۈرۈڭلار! ۋە ئۆز ئىچىڭلاردا: «بىزنىڭ
ئاتىمىز بولسا ئىبراھىمدۇر!» دەپ خىيال ئەيلىمەڭلار؛ چۈنكى مەن
شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، خۇدا ئىبراھىمغا مۇشۇ تاشلاردىنمۇ
پەرزەنتلەرنى يارىتىپ بېرەلەيدۇ. 9 پالتا ئاللىقاچان دەرەخلەرنىڭ
يىلتىزىغا تەڭلەپ قويۇلدى؛ ياخشى مېۋە بەرمەيدىغان ھەرقانداق
دەرەخلەر كېسىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ!» ــ دېدى.
10 ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان كىشىلەر ئەمدى ئۇنىڭدىن:
ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ــ دەپ سورىدى.
11 ئۇ جاۋابەن: ــ ئىككى قۇر چاپىنى بار كىشى بىرىنى يوق كىشىگە
بەرسۇن، يەيدىغىنى بار كىشىمۇ شۇنداق قىلسۇن، ــ دېدى.

---

7:3 **«ئەي زەھەرلىك يىلان باللىرى! كىم سىلەرنى خۇدانىڭ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان غەزىپىدىن قېچىڭلار دەپ ئاگاھلاندۇردى؟!»** ــ بۇ كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ، ئەلۋەتتە؛ مەنىسى بەلكىم «توۋا قىلماي، چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىش بىزنى خۇدانىڭ كېلىدىغان غەزەپتىن قۇتقۇزىدۇ، دېگىنىڭلار قانداق گەپ؟!» دېگەندەك.

**7:3** مات. 7:3؛ 33:23.

8:3 **«ئەمدى توۋىغا لايىق مېۋىلەرنى كەلتۈرۈڭلار!»** ــ «توۋىغا لايىق مېۋىلەر» توغرۇلۇق «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«بىزنىڭ ئاتىمىز بولسا ئىبراھىمدۇر!»** ــ دېمەك، «بىز ئۇلۇغ ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان «ئۇلۇغ يەھۇدىي مىللىتى» بولۇپ، بىز ھېچنېمە قىلمىساقمۇ خۇدا ئالدىدا پاك تۇرۇۋېرىمىز» دېگەن پوزىتسىيىنى بىلدۈرىدۇ.

**8:3** مات. 9:3؛ يـۇھ. 39:8؛ روس. 26:13.

9:3 **«پالتا ئاللىقاچان دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىغا تەڭلەپ قويۇلدى»** ــ يەھيا پەيغەمبەرنىڭ بۇ ئۇلۇغ سۆزى «خۇدانىڭ غەزىپى ئەمدى سىلەرگە يېتىپ كېلىش ئالدىدا» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز توغرۇلۇق ۋە 12-ئايەتتىكى كېيىنكى بېشارىتى توغرۇلۇق «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**9:3** مات. 10:3؛ 19:7.

**10:3** روس. 37:2.

**11:3** ياق. 13:2، 15؛ 1يۇھ. 17:3.

12 بەزى باجگىرلارمۇ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىڭ ئالدىغا
كېلىپ:
ئۇستاز، بىز قانداق قىلىمىز؟ ــ دەپ سورىدى.
13 ئۇ ئۇلارغا: ــ بەلگىلەنگەندىن ئارتۇق باج ئالماڭلار، ــ دېدى.
14 ئاندىن بەزى لەشكەرلەرمۇ ئۇنىڭدىن:
بىزچۇ، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ــ دەپ سوراشتى.
ئۇ ئۇلارغا:
باشقىلارنىڭ پۇلىنى زوراۋانلىق بىلەن ئېلىۋالماڭلار، ھېچكىمگە
يالغاندىن شىكايەت قىلماڭلار ۋە ئىش ھەققىڭلارغا رازى بولۇڭلار،
ــ دېدى.
15 ئەمدى خەلق تەقەززالىقتا بولۇپ ھەممەيلەن كۆڭلىدە يەھيا
توغرۇلۇق «مەسىھ مۇشۇ كىشىمىدۇ؟» دەپ ئويلاشتى. 16 يەھيا
ھەممەيلەنگە جاۋابەن: ــ مەن سىلەرنى دەرۋەقە سۇغا چۆمۈلدۈرىمەن.
لېكىن مەندىن قۇدرەتلىك بولغان بىرسى كېلىدۇ؛ مەن ھەتتا
كەشلىرىنىڭ بوغقۇچىنى يېشىشكىمۇ لايىق ئەمەسمەن! ئۇ سىلەرنى
مۇقەددەس روھقا ھەم ئوتقا چۆمۈلدۈرىدۇ. 17 ئۇنىڭ سورۇغۇچى كۈرىكى
قولىدا تۇرىدۇ؛ ئۇ ئۆز خامىنىنى توپا-ساماندىن تەلتۆكۈس تازىلايدۇ،
ساپ بۇغدايىنى ئامبارغا يىغىدۇ، ئەمما توپا-سامانىنى ئۆچمەس ئوتتا
كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، ــ دېدى.
18 ئەمدى شۇنداق كۆپ باشقا نەسىھەتلەر بىلەن يەھيا خوش خەۋەرنى
خەلققە يەتكۈزدى. 19 كېيىن، ھاكىم ھېرود ئۆگەي ئاكىسىنىڭ ئايالى
ھېرودىيەنى تارتىۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن ۋە شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بارلىق

14:3 **«ھېچكىمگە يالغاندىن شىكايەت قىلماڭلار»** ــ بەلكىم پۇل ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە قىلىنغان شىكايەتنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

15:3 **«خەلق تەقەززالىقتا بولۇپ...»** ــ دېمەك، تەققەزالىق بىلەن قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۈتكىنىدە.

**16:3** يەش. 3:44؛ يو. 27:2، 28؛ مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ يۇھ. 26:1؛ روس. 5:1؛ 16:11؛ 4:2؛ 15:11؛ 4:19.

**17:3** مات. 12:3.

باشقا رەزىل قىلمىشلىرى ئۈچۈن يەھيا تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن،
[20] ھىرود بۇ بارلىق رەزىللىكىنىڭ ئۈستىگە يەنە شۇنى قىلدىكى،
يەھيانى زىندانغا تاشلىدى.

## ئەيسانىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلىشى

مات. 3:13-17؛ مار. 1:9-11

[21] شۇنداق بولدىكى، ھەممە خەلق يەھيادىن چۆمۈلدۈرۈشنى
قوبۇل قىلغاندا، ئەيسامۇ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلدى. ئۇ دۇئا
قىلىۋاتقاندا، ئاسمانلار يېرىلىپ، [22] مۇقەددەس روھ كەپتەر سىياقىدا
چۈشۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوندى. شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن: «سەن
مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن سەندىن تولۇق خۇرسەنمەن!» دېگەن
بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

## ئەيسانىڭ نەسەبنامىسى

مات. 1:1-17

[23] ئەيسا ئۆز خىزمىتىنى باشلىغاندا، ئوتتۇزغا كىرىپ قالغانىدى.
ئۇ (خەقنىڭ نەزىرىدە) يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئىدى؛ يۈسۈپ خېلىينىڭ

---

3:19 «ھاكىم ھىرود» ــ «ھاكىم» گرېك تىلىدا «تېترارك». بۇ سۆز «تۆتتىنىڭ بىرىنى ئىدارە قىلغۇچى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ ھىرود رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، پالەستىنىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا (گالىلىيەگە) «پادىشاھ» ياكى «خان» بولغان.
3:19 مات. 14:3؛ مار. 6:18.
3:21 مات. 3:13؛ مار. 1:9؛ يـۇھ. 1:32.
3:22 «مۇقەددەس روھ كەپتەر سىياقىدا چۈشۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوندى» ــ «كەپتەر سىياقىدا» ياكى «پاختەك سىياقىدا». گرېك تىلىدا بۇ قۇش «پېرىستېرا» دەپ ئاتىلىدۇ. «پېرىستېرا» گرېك تىلىدا ھەم كەپتەرنى ھەم پاختەكنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «...شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن: «سەن مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن سەندىن تولۇق خۇرسەنمەن!» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى» ــ ئەيسانىڭ يەھيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن چۆمۈلدۈرۈلۈشى ئۇنىڭ زىندانغا تاشلىنىشىدىن بۇرۇن، ئەلۋەتتە.
3:22 يەش. 42:1؛ مات. 17:5؛ مار. 9:7؛ لۇقا 9:35؛ كول. 1:13؛ 2پېت. 1:17.

ئوغلى، [24]خېلىي ماتتاتنىڭ ئوغلى، ماتتات لاۋىينىڭ ئوغلى، لاۋىي
مەلكىينىڭ ئوغلى، مەلكىي ياننايىنىڭ ئوغلى، يانناي يۇسۇپنىڭ
ئوغلى، [25]يۇسۇپ ماتتاتىيانىڭ ئوغلى، ماتتاتىيا ئاموسنىڭ ئوغلى،
ئاموس ناھۇمنىڭ ئوغلى، ناھۇم ھېسلىنىڭ ئوغلى، ھېسلى
ناگگاينىڭ ئوغلى، [26]ناگگاي ماھاتنىڭ ئوغلى، ماھات ماتتاتىيانىڭ
ئوغلى، ماتتاتىيا سېمەيىنىڭ ئوغلى، سېمەي يۇسۇپنىڭ ئوغلى،
يۇسۇپ يۇدانىڭ ئوغلى، [27]يۇدا يوئانانىنىڭ ئوغلى، يوئانان رېسانىڭ
ئوغلى، رېسا زەرۇببابەلنىڭ ئوغلى، زەرۇببابەل سالتىيەلنىڭ ئوغلى،
سالاتىيەل نېرىينىڭ ئوغلى، [28]نېرىي مەلكىينىڭ ئوغلى، مەلكىي
ئاددىنىڭ ئوغلى، ئاددى قوسامنىڭ ئوغلى، قوسام ئېلمادامنىڭ
ئوغلى، ئېلمادام ئېرنىڭ ئوغلى، [29]ئېر يوسەنىڭ ئوغلى، يوسە
ئەلىئېزەرنىڭ ئوغلى، ئەلىئېزەر يورىمنىڭ ئوغلى، يورىم ماتتاتنىڭ
ئوغلى، ماتتات لاۋىينىڭ ئوغلى، [30]لاۋىي سىمېئوننىڭ ئوغلى، سىمېئون
يەھۇدانىڭ ئوغلى، يەھۇدا يۇسۇپنىڭ ئوغلى، يۇسۇپ يونانىنىڭ
ئوغلى، يونان ئەلىئاقىمنىڭ ئوغلى، [31]ئەلىئاقىم مېلېئاھنىڭ
ئوغلى، مېلېئاھ مەننانىڭ ئوغلى، مەننا ماتتاتانىڭ ئوغلى، ماتتاتا
ناتاننىڭ ئوغلى، ناتان داۋۇتنىڭ ئوغلى، [32]داۋۇت يەسسەنىڭ ئوغلى،
يەسسە ئوبەدنىڭ ئوغلى، ئوبەد بوئازنىڭ ئوغلى، بوئاز سالموننىڭ
ئوغلى، سالمون ناھشوننىڭ ئوغلى، ناھشون ئاممىنادابنىڭ ئوغلى،

---

23:3 **«ئەيسا ئۆز خىزمىتىنى باشلىغاندا، ئوتتۇزغا كىرىپ قالغانىدى»** ــ «ئوتتۇزغا كىرىپ قالغانىدى» گرېك تىلىدا «ئوتتۇزچە ياشقا كىرگەنىدى» ــ گرېكشۇناس پروفېسسور رامساينىڭ دېيىشىچە بۇ ئىبارە (1) ئوتتۇز ياش (يىگىرمە توققۇز ياكى ئوتتۇز بىر ياش ئەمەس)؛ (2) دەل ئوتتۇز ياشقا كىرگەن كۈنى دېگەن مەنىدە. كاھىنلار ۋە لاۋىيلار دەل ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە خىزمىتىنى باشلايتتى («چۆل.» 3:4، «يار.» 46:41نىمۇ كۆرۈڭ).

**23:3** مات. 55:13؛ يۇھ. 42:6.

26:3 **«يۇسۇپ»** ــ ياكى «يوسېخ». **«يۇدا»** ــ «يەھۇدا»نىڭ قىسقا شەكلى.

27:3 **«سالاتىيەل»** ــ «مات.» 12:1نى كۆرۈڭ. تەۋراتتا، مەسىلەن «ئەزرا» 2:3دە «شېئالتىئەل» دېيىلىدۇ.

30:3 **«يەھۇدا»** ــ گرېك تىلىدا مۇشۇ يەردە «يۇدا» دېيىلىدۇ.

[33]ئامىناداب ئارامنىڭ ئوغلى، ئارام ھېزروننىڭ ئوغلى، ھېزرون
پەرەزنىڭ ئوغلى، پەرەز يەھۇدانىڭ ئوغلى، [34]يەھۇدا ياقۇپنىڭ ئوغلى،
ياقۇپ ئىسھاقنىڭ ئوغلى، ئىسھاق ئىبراھىمنىڭ ئوغلى، ئىبراھىم
تەراھنىڭ ئوغلى، تەراھ ناھورنىڭ ئوغلى، [35]ناھور سېرۇگنىڭ ئوغلى،
سېرۇگ راغۇنىڭ ئوغلى، راغۇ پەلەگنىڭ ئوغلى، پەلەگ ئېبەرنىڭ
ئوغلى، ئېبەر شېلاھنىڭ ئوغلى، [36]شېلاھ قائىناننىڭ ئوغلى،
قائىنان ئارپاخشادنىڭ ئوغلى، ئارپاخشاد شەمنىڭ ئوغلى، شەم
نۇھنىڭ ئوغلى، نۇھ لەمەخنىڭ ئوغلى، [37]لەمەخ مەتۇشەلاھنىڭ
ئوغلى، مەتۇشەلاھ ھانوخنىڭ ئوغلى، ھانوخ يارەدنىڭ ئوغلى،
يارەد ماھالالىلنىڭ ئوغلى، ماھالالىل قېناننىڭ ئوغلى، [38]قېنان
ئېنوشنىڭ ئوغلى، ئېنوش سېتنىڭ ئوغلى، سېت ئادەمئاتىنىڭ
ئوغلى، ئادەمئاتا بولسا، خۇدانىڭ ئوغلى ئىدى.

## ئەيسانىڭ چۆل-باياۋاندا سىنىلىشى

مات. 1:4-11؛ مار. 1:12-13

4 [1]ئاندىن ئەيسا مۇقەددەس روھقا تولۇپ، ئىئوردان دەرياسىدىن قايتىپ
كېلىپ، روھ تەرىپىدىن چۆل-باياۋانغا ئېلىپ بېرىلدى. [2]ئۇ ئۇ يەردە

33:3 **«ئارام»** ــ «رۇت» 20:4 ۋە «1تار.» 10:2دە «رام». **«ھېزرون»** ــ گرېك تىلدا «ئەسروم». **«پەرەز»** ــ گرېك تىلدا «پارەس».

34:3 يار. 10:11.

35:3 **«سېرۇگ»** ــ گرېك تىلدا «سېرۇخ». **«راغۇ»** ــ گرېك تىلدا «راغاۋ». ئىبرانىيچە «رەئۇ». **«پەلەگ»** ــ گرېك تىلدا «پالەگ». **«شېلاھ»** ــ گرېك تىلدا «سالاھ».

36:3 **«قائىنان»** ــ گرېك تىلدا «قائىنام». **«شەم»** ــ گرېك تىلدا «سېم». **«لەمەخ»** ــ گرېك تىلدا «لامەخ».

38:3 **«...قېنان ئېنوشنىڭ ئوغلى، ئېنوش سېتنىڭ ئوغلى، سېت ئادەمئاتىنىڭ ئوغلى، ئادەمئاتا بولسا، خۇدانىڭ ئوغلى ئىدى»** ــ بۇ نەسەبنامە ۋە «ماتتا»دا خاتىرىلەنگەن نەسەبنامە ئۈستىدە «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىز ھەمدە «يەرەمىيا»دىكى (30:22 توغرىسىدا) قوشۇمچە سۆزىمىزنى كۆرۈڭ. بىزنىڭچە لۇقا بەرگەن بۇ نەسەبنامە مەسىھنىڭ ئانىسى مەريەمنىڭ نەسەبنامىسىدۇر.

38:3 يار. 3:5.

1:4 مات. 1:4؛ مار. 1:12.

قىرىق كۈن ئىبلىس تەرىپىدىن سىنالدى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ھېچنەرسە
يېمىدى. كۈنلەر ئاياغلاشقاندا، ئۇنىڭ قورسىقى تازا ئاچقانىدى.
[3] ئەمدى ئىبلىس ئۇنىڭغا:
سەن ئەگەر خۇدانىڭ ئوغلى بولساڭ، مۇشۇ تاشقا: «نانغا ئايلان!» دەپ
بۇيرۇغىن ــ دېدى. [4] ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:
تەۋراتتا: «ئىنسان پەقەت نان بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ھەربىر
سۆزى بىلەنمۇ ياشايدۇ» دەپ يېزىلغان، ــ دېدى.
[5] ئىبلىس يەنە ئۇنى ئېگىز بىر تاغقا باشلاپ چىقىپ، بىر دەقىقە
ئىچىدە دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. [6] ئىبلىس
ئۇنىڭغا: ــ مەن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە
بارلىق شانۇ-شەۋكەتلەرنى ساڭا تەقدىم قىلىمەن؛ چۈنكى بۇلار
ماڭا تاپشۇرۇلغان، مەن ئۇنى كىمگە بېرىشنى خالىسام، شۇنىڭغا
بېرىمەن. [7] ئەگەر باش قويۇپ ماڭا سەجدە قىلساڭ، بۇلارنىڭ
ھەممىسى سېنىڭكى بولىدۇ، ــ دېدى.
[8] ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:
تەۋراتتا: «پەرۋەردىگار خۇدايىڭغىلا ئىبادەت قىل، پەقەت ئۇنىڭلا
قۇللۇقىدا بول!» دەپ يېزىلغان، ــ دېدى.

---

**2:4** مىس. 28:34؛ 1پاد. 8:19.

**3:4 «سەن ئەگەر خۇدانىڭ ئوغلى بولساڭ...»** ــ گرېك تىلىدا بۇ 3- ۋە 9-ئايەتلەردىكى «ئەگەر» ئادەتتە «ئەگەر ... بولساڭ» (ئەگەر بولساڭ ۋە دەرۋەقە شۇنداق بولسەن)» دېگەن مەنىنى پۈرىتىدۇ.

—«خۇدانىڭ ئوغلى» ــ بۇ نام ھەرگىزمۇ خۇدا بىلەن ئەيسا ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي جەھەتتىكى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

**4:4 «ئىنسان پەقەت نان بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ھەربىر سۆزى بىلەنمۇ ياشايدۇ»** ــ «قان.» 3:8.

—«بەلكى خۇدانىڭ ھەربىر سۆزى بىلەنمۇ ياشايدۇ» دېگەن سۆزلەر بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ («مات.» 4:4نى كۆرۈڭ).

**4:4** قان. 3:8؛ مات. 4:4.

**8:4 «پەرۋەردىگار خۇدايىڭغىلا ئىبادەت قىل، پەقەت ئۇنىڭلا قۇللۇقىدا بول!»** ــ تەۋرات، «قان.» 13:6.

**8:4** قان. 13:6؛ 20:10؛ 1سام. 3:7.

[9] ئاندىن ئىبلىس ئۇنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى ۋە ئۇنى
ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا تۇرغۇزۇپ:
خۇدانىڭ ئوغلى بولساڭ، ئۆزۈڭنى پەسكە تاشلاپ باقىن! [10] چۈنكى
تەۋراتتا: «خۇدا ئۆز پەرىشتىلىرىگە سېنى قوغداش ھەققىدە ئەمر
قىلىدۇ»؛ [11] ۋە، «پۇتۇڭنىڭ تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلار
سېنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ» دەپ يېزىلغان، ــ دېدى.
[12] ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ «تەۋراتتا: «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى سىنىغۇچى
بولما!» دەپمۇ يېزىلغان، ــ دېدى.
[13] ئىبلىس بارلىق سىناشلارنى ئىشلىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى
ۋاقتىنچە تاشلاپ كېتىپ قالدى.

## ئەيسا گالىلىيە ئۆلكىسىدە

مات. 4:12-17؛ مار. 1:14-15

[14] ئەيسا روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئىچىدە گالىلىيە ئۆلكىسىگە قايتىپ
كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خەۋەر-شۆھرىتى ئەتراپىتىكى ھەربىر
يۇرتلارغا تارقالدى. [15] ئۇ ئۇلارنىڭ سىناگوگلىرىدا تەلىم بېرگىلى
تۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلاشلىرىغا سازاۋەر بولدى.

---

4:9 **«ئۇنى ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا تۇرغۇزۇپ...»** ــ ياكى «ئۇنى ئىبادەتخانىنىڭ ئېگىز جايىغا تۇرغۇزۇپ...».
ــ«خۇدانىڭ ئوغلى» ــ بۇ نام ھەرگىزمۇ خۇدا بىلەن ئەيسا ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي جەھەتتىكى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ.
4:11 **«پۇتۇڭنىڭ تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلار سېنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ»** ــ «زەب.» 91:11، 12. شەيتاننىڭ بۇ ئايەتنى ئىشلەتكىنى توغرۇلۇق «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
**4:11** زەب. 91:11، 12.
4:12 **«پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى سىنىغۇچى بولما!»** ــ «قان.» 6:16.
**4:12** قان. 6:16.
4:14 **«روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئىچىدە...»** ــ مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدە، ئەلۋەتتە.
**4:14** مات. 4:12؛ مار. 1:14؛ يۇھ. 4:43؛ روس. 10:37.
4:15 **«ئۇ ئۇلارنىڭ سىناگوگلىرىدا تەلىم بېرگىلى تۇردى»** ــ «سىناگوگ»لار توغرۇلۇق

## ناسارەتتە چەتكە قېقىلىش

مات. 13:53-58؛ مار. 6:1-6

16 ئۇ ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلىنغان يۇرتى ناسارەتكە كېلىپ، شابات كۈنى
ئادەتتىكىدەك سىناگوگقا كىردى ۋە شۇنداقلا مۇقەددەس يازمىلارنى
ئوقۇشقا ئۆرە تۇردى 17 ۋە تەۋراتتىكى «يەشايا» دېگەن قىسىم ئۇنىڭغا
تاپشۇرۇلدى. ئۇ ئورام يازمىنى ئېچىپ، مۇنۇ سۆزلەر پۈتۈلگەن يەرنى
تېپىپ ئوقۇدى:
19-18 ــ «پەرۋەردىگارنىڭ روھى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا،
چۈنكى ئۇ مېنى يوقسۇللارغا خۇش خەۋەرلەر يەتكۈزۈشكە مەسىھ قىلدى.
تۇتقۇنلارغا ئازادلىقنى،
ۋە كورلارغا كۆرۈش شىپاسىنى جاكارلاشقا،
ئېزىلگەنلەرنى خالاس قىلىشقا،
پەرۋەردىگارنىڭ شاپائەت كۆرسىتىدىغان يىلىنى جاكارلاشقا مېنى
ئەۋەتتى».
20 ئۇ يازمىنى تۈرۈۋېتىپ، سىناگوگ خىزمەتچىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ،
ئولتۇردى. سىناگوگتا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى
ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. 21 ئۇ كۆپچىلىككە:

---

«تەبىرلەر»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**16:4** نەھ. 4:8، 5؛ مات. 54:13؛ مار. 1:6؛ يۇھ. 43:4.

**19-18:4 « ئۇ مېنى يوقسۇللارغا خۇش خەۋەرلەر يەتكۈزۈشكە مەسىھ قىلدى»** ــ «مەسىھ قىلىش» (ياكى «مەسىھلەش») توغرۇلۇق «يەش.» 1:61دىكى ئىزاھات ۋە «تەبىرلەر»نىمىزنى كۆرۈڭ. بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئۇ مېنى سۇنۇق كۆڭۈللەرنى ياساپ ساقايتىشقا» دېگەن سۆزلەر مۇشۇ ئايەتتە قوشۇلىدۇ. **«ئۇ مېنى يوقسۇللارغا خۇش خەۋەرلەر يەتكۈزۈشكە مەسىھ قىلدى. تۇتقۇنلارغا ئازادلىقنى، ۋە كورلارغا كۆرۈش شىپاسىنى جاكارلاشقا، ئېزىلگەنلەرنى خالاس قىلىشقا، پەرۋەردىگارنىڭ شاپائەت كۆرسىتىدىغان يىلىنى جاكارلاشقا مېنى ئەۋەتتى»** ــ بۇ سۆزلەر «يەش.» 1:61 ھەم 6:58دىن ئېلىنغان.

**19-18:4** يەش. 7:42؛ 1:61، 2؛ مات. 5:11.

**20:4 «ئۇ يازمىنى تۈرۈۋېتىپ، سىناگوگ خىزمەتچىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئولتۇردى»** ــ سىناگوگلاردا تەلىم بەرگۈچىلەر ئاۋۋال مۇقەددەس يازمىلارنى ئوقۇشقا تۇراتتى، ئاندىن تەلىم بېرىشكە ئولتۇراتتى.

**مانا بۇ ئايەت بۈگۈن قۇلىقىڭلارغا ئاڭلانغىنىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا،**
**ــ دېدى.**
**22 ھەممىسى ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن**
**چىقىۋاتقان شاپائەتلىك سۆزلىرىگە ھەيران قېلىشىپ:**
**بۇ يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟ ــ دېيىشتى.**
**23 ئۇ ئۇلارغا:**
**شۈبھىسىزكى، سىلەر ماڭا «ئەي تېۋىپ، ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ساقايت!»**
**دېگەن تەمسىلنى كەلتۈرۈپ، «خەۋەر تاپقىنىمىزدەك، كەپەرناھۇم**
**شەھىرىدە نېمە ئىشلار يۈز بەرگەن بولسا، مۇشۇ يەردىمۇ، ئۆز**
**يۇرتۇڭدىمۇ شۇلارنى كۆرسەتمەمسەن؟» دەۋاتىسىلەر، ــ دېدى.**
**24 ــ بىراق شۇنى سىلەرگە بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ھېچقانداق**
**پەيغەمبەر ئۆز يۇرتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەمەس. 25 مەن**
**سىلەرگە شۇ ھەقىقەتنى ئەسلىتىمەنكى، ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ**
**ۋاقتىدا، ئاسمان ئۇدا ئۈچ يىل ئالتە ئاي ئېتىلىپ، دەھشەتلىك**
**بىر قەھەتچىلىك بارلىق زېمىننى باسقاندا، ئىسرائىلدا نۇرغۇن**
**تۇل ئاياللار بار ئىدى؛ 26 بىراق ئىلياس ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ**
**قېشىغا ئەمەس، بەلكى زىدوننىڭ زارەفات شەھىرىدىكى بىر تۇل**
**ئايالنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگەن. 27 ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش، ئېلىشا**

---

**22:4** يەش. 4:50؛ مات. 54:13؛ مار. 2:6؛ لۇقا 47:2؛ يۇھ. 42:6.

**23:4** مات. 13:4.

**24:4** مات. 57:13؛ مار. 4:6؛ يۇھ. 44:4.

26:4 **«زارەفات»** ــ گرېك تىلىدا «سارەپتا». **«ئىلياس ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ قېشىغا ئەمەس، بەلكى زىدوننىڭ زارەفات شەھىرىدىكى بىر تۇل ئايالنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگەن»** ــ بۇ ۋەقە «1پاد.» 9:17-24دە خاتىرىلەنگەن. ئىلياس پەيغەمبەر زىدون رايونى (يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ زېمىنى)دىكى شۇ تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ۋە ئاچارچىلىق ئاخىرلاشقۇچە تۇل خوتۇن، ئوغلى ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئوزۇق-تۈلۈك تەمىنلىگەن. دېمەك، خۇدانىڭ ئۆز خەلقى ــ يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئىلياسنىڭ شۇنداق مۆجىزىلىك ياردىمىگە ئېرىشكۈدەك ئىخلاسمەنلىك مەۋجۇت بولمىغانىدى، ئەكسىچە، ئىتائەتسىزلىك ۋە ئاسىيلىق ئوچۇق-ئاشكارا كۆرۈنەتتى.

پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا، ئىسرائىلدا ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار
بولغانلار نۇرغۇن بولسىمۇ، لېكىن سۈرىيەلىك نائاماندىن باشقا،
ھېچقايسىسى ساقايتىلغان ئەمەس! ــ دېدى.

[28] سىناگوگدىكىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەممىسى قاتتىق
غەزەپلەندى؛ [29] ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنى شەھەردىن ھەيدەپ
چىقىرىپ، شۇ شەھەر جايلاشقان تاغنىڭ لېۋىگە ئەچىقىپ، تىك
ياردىن تاشلىۋەتمەكچى بولۇشتى. [30] لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن
بىمالال ئۆتۈپ، ئۆز يولىغا چىقىپ كەتتى.

## ئەيسانىڭ جىننى ھەيدىۋېتىشى

مار. 1:21-28

[31] ئۇ گالىلىيە ئۆلكىسىنىڭ كەپەرناھۇم دېگەن بىر شەھىرىگە چۈشتى،
ئۇ يەردە شابات كۈنلىرىدە خەلققە تەلىم بېرەتتى. [32] ئۇلار ئۇنىڭ
تەلىمىگە ھەيران قېلىشتى، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزى تولىمۇ نوپۇزلۇق
ئىدى. [33] ئەمدى سىناگوگتا ناپاك جىننىڭ روھى چاپلاشقان بىر
كىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى جىن قاتتىق ئاۋازدا:
[34] ــ ئەي ناسارەتلىك ئەيسا، سېنىڭ بىز بىلەن نېمە كارىڭ؟! بىزنى

---

4:27 «ئېلىشا پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا، ئىسرائىلدا ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار نۇرغۇن بولسىمۇ، لېكىن سۈرىيەلىك نائاماندىن باشقا، ھېچقايسىسى ساقايتىلغان ئەمەس!» ــ سۈرىيەلىك نائامان يەھۇدىي ئەمەس ئىدى، ئەلۆەتتە. بۇ ۋەقە «2پاد.» 5:1-14دە خاتىرىلەنگەن. مەسىھنىڭ ئۇلارغا «سىلەر خۇدانىڭ شاپائىتىنى ۋە نىجاتىنى رەت قىلغاچقا، ئۇ ئەمدى يەھۇدىي ئەمەسلەرگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىدۇ!» دېگەندەك ئىدى.

4:27 2پاد. 5:14.

4:29 «ئۇنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىپ...» ــ گرېك تىلىدا «ئۇنى شەھەردىن تاشلاپ...»

4:31 مات. 4:13؛ مار. 1:21.

4:32 مات. 7:29؛ مار. 1:22.

4:33 «ناپاك جىننىڭ روھى» ــ بۇ دېگەنلىك سۆز بەلكىم بۇ جىننىڭ ئىنتايىن ناپاك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچى.

4:33 مار. 1:23.

يوقاتقىلى كەلدىڭمۇ؟ مەن سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلىمەن، خۇدانىڭ
مۇقەددەس بولغۇچىسىسەن! ــ دەپ توۋلاپ كەتتى.
[35] لېكىن ئەيسا جىنغا تەنبىھ بېرىپ:
ئاغزىڭنى يۇم! ئۇنىڭدىن چىق! ــ دېۋىدى، جىن ھېلىقى ئادەمنى
خالايىق ئوتتۇرىسىدا يىقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن
ئۇنىڭغا ھېچ زەرەر يەتكۈزمىدى. [36] ھەممەيلەن بۇنىڭدىن قاتتىق
ھەيران بولۇشۇپ، بىر-بىرىگە:
بۇ زادى قانداق ئىش! ئۇ دەرۋەقە ھوقۇق ۋە قۇدرەت بىلەن ناپاك روھلارغا
ئەمر قىلسىلا، ئۇلار چىقىپ كېتىدىكەن، ــ دېيىشتى. [37] شۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ خەۋەر-شۆھرىتى ئەتراپتىكى ھەربىر يۇرتلارغا تارقالدى.

## ئەيسانىڭ نۇرغۇن كېسەللەرنى ساقايتىشى

مات. 8:14-17؛ مار. 1:29-34

[38] ئەيسا سىناگوگتىن چىقىپ، سىموننىڭ ئۆيىگە كىردى. لېكىن
سىموننىڭ قېيىنئانىسى ئېغىر تەپ كېسىلى بولۇپ قالغانىدى؛ ئۇلار
ئەيسادىن ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشىنى ئۆتۈندى. [39] ئۇ ئايالنىڭ
بېشىدا تۇرۇپ، تەپكە تەنبىھ بېرىۋىدى، تەپ شۇئان ئۇنىڭدىن كەتتى.
ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنى كۈتۈشكە باشلىدى.
[40] كۈن پېتىشى بىلەنلا، كىشىلەر ھەرخىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان
يېقىنلىرى بولسىلا، ئۇلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ ئۇلارغا
بىر-بىرلەپ قولىنى تەگكۈزۈپ، ئۇلارنى ساقايتتى. [41] كىشىلەرگە
چاپلاشقان نۇرغۇن جىنلار ئۇلاردىن چىقىپ: «سەن خۇدانىڭ ئوغلى!» دەپ
توۋلاپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ ئۇلارغا تەنبىھ بېرىپ، سۆز قىلىشىغا يول

---

**36:4 «بۇ زادى قانداق ئىش!»** ــ ياكى «بۇ زادى قانداق تەلىم؟».

**38:4** مات. 8:14؛ مار. 1:29.

**40:4 «كۈن پېتىشى بىلەنلا...»** ــ شابات كۈنى تۈگىگەندە (كەچتە)، «ئىش قىلىش» ياكى «خىزمەت قىلىش»قا بولاتتى (مەسىلەن، كېسەل ئادەمنى كۆتۈرۈش قاتارلىق).

**40:4** مات. 8:16؛ مار. 1:32؛ 7:32؛ 8:23، 25.

قويمىدى؛ چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.
[42] كۈن چىقىشى بىلەن، ئۇ شەھەردىن چىقىپ، پىنھان بىر جايغا كەتتى.
بىراق توپ-توپ خالايىق ئۇنى ئىزدەپ يۈرەتتى؛ ئۇلار ئۇنى تاپقاندا
ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئارىمىزدا قالسۇن دەپ كېتىشىدىن توسماقچى
بولۇشتى. [43] لېكىن ئۇ ئۇلارغا:
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ خۇش خەۋىرىنى باشقا شەھەر-يېزىلارغىمۇ
يەتكۈزۈشۈم كېرەك؛ چۈنكى مەن دەل بۇ ئىشقا ئەۋەتىلگەنمەن، ــ دېدى.
[44] شۇنىڭ بىلەن ئۇ گالىلىيەدىكى سىناگوگلاردا تەلىم بېرىپ يۈرۈۋەردى.

## ئەيسانىڭ تۇنجى قېتىم مۇخلىس چاقىرىشى

مات. 22-18:4؛ مار. 20-16:1

5 [1] شۇنداق بولدىكى، ئۇ گېنىسارەت كۆلىنىڭ بويىدا تۇرغاندا،
خالايىق خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ
ئەتراپىغا ئولىشىپ قىستىلىشىپ تۇراتتى. [2] ئۇ كۆل بويىدا تۇرغان
ئىككى كېمىنى كۆردى. بېلىقچىلار بولسا كېمىدىن چۈشۈپ،
قىرغاقتا تورلىرىنى يۇيۇشۇۋاتاتتى. [3] ئۇ كېمىلەردىن بىرىگە، يەنى
سىموننىڭكىگە چىقىپ، ئۇنىڭدىن كېمىنى قىرغاقتىن سەل
يىراقلىتىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئاندىن ئۇ كېمىدە ئولتۇرۇپ توپ-
توپ خالايىققا تەلىم بەردى. [4] سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ سىمونغا:
كېمىنى چوڭقۇرراق يەرگە ھەيدەپ بېرىپ، بېلىقلارنى تۇتۇشقا
تورلىرىڭلارنى سېلىڭلار، ــ دېدى.
[5] سىمون ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ ئۇستاز، بىز پۈتۈن كېچىچە جاپا تارتىپ
ھېچ نەرسە تۇتالمىدۇق. بىراق سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن تورنى سالسام

---

**41:4** مار. 34:1؛ 11:3.

**42:4** مار. 35:1.

**44:4 «گالىلىيەدىكى سىناگوگلاردا»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ يەردە «يەھۇدىيەدىكى سىناگوگلاردا» دېيىلىدۇ.

**1:5** مات. 13:2؛ مار. 4:1.

سالاي، دېدى. 6 ئۇلار شۇنداق قىلىۋىدى، نۇرغۇن بېلىقلار تورغا چۈشتى؛
تور سۆكۈلۈشكە باشلىدى. 7 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقا كېمىدىكى
شېرىكلىرىنى ياردەمگە كېلىشكە ئىشارەت قىلىشتى. ئۇلار كېلىپ،
بېلىقلارنى ئىككى كېمىگە لىق قاچىلىۋىدى، كېمىلەر چۆكۈپ كېتەي
دەپ قالدى. 8 سىمون پېترۇس بۇ ئىشنى كۆرۈپ، ئەيسانىڭ تىزلىرى
ئالدىدا يىقىلىپ:
مەندىن يىراقلاشقايسەن، ئى رەب! چۈنكى مەن گۇناھكارمەن! ــ
دېدى. 9 چۈنكى بۇنچە كۆپ بېلىق تۇتۇلغانلىقىدىن ئۇ ۋە ئۇنىڭغا
بارلىق ھەمراھ بولغانلارنى ھەيرانلىق باسقانىدى. 10 ۋە سىموننىڭ
شېرىكلىرى ــ زەبەدىينىڭ ئوغۇللىرى ياقۇپ بىلەن يۇھاننامۇ ھەم
شۇنداق ھەيران قالدى. ئەمدى ئەيسا سىمونغا:
قورقمىغىن، بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئادەم تۇتقۇچى بولىسەن ــ دېدى.
11 ئۇلار كېمىلەرنى قىرغاققا چىقىرىپ، ھەممە نەرسىنى تاشلاپ
قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

## ئەيسانىڭ ماخاۋ كېسەلنى ساقايتىشى

مات. 8:1-4؛ مار. 1:40-45

12 شۇنداق بولدىكى، ئۇ شەھەر-يېزىلارنىڭ بىرىدە بولغاندا، مانا شۇ
يەردە، پۈتۈن بەدىنىنى ماخاۋ بېسىپ كەتكەن بىر ئادەم بار ئىدى.

---

6:5 **«ئۇلار شۇنداق قىلىۋىدى، نۇرغۇن بېلىقلار تورغا چۈشتى؛ تور سۆكۈلۈشكە باشلىدى»** ــ ئادەتتە گالىلىيە كۆلىسىدە بېلىقلار كۈندۈزدە چوڭقۇر سۇغا شۇڭغۇپ كىرىۋالىدۇ، ئۇلارنى تور بىلەن تارتىپ چىقارغىلى بولمايدۇ. ئوقۇرمەنلەر شۇنى بايقىغان بولۇشى مۇمكىنكى، مەسىھ «تورلىرىڭلار»نى دېگىنى بىلەن پېترۇسنىڭ پەقەت بىرلا تورنى سېلىشقا ئىشەنچى بار ئىدى («يۇھ.» 11:21نى ۋە شۇ ئايەت توغرۇلۇق ئىزاھات ۋە «يۇھاننا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ).

10:5 **«سەن ئادەملەرنى تۇتقۇچى بولىسەن»** ــ مۇشۇ سۆز ئادەملەرنى زىندانلارغا ياكى قۇللۇققا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش يولىدا ئادەملەرنى شەيتاننىڭ چاڭگىلىدىن ۋە ھالاك يولىدىن تۇتۇپ قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**10:5** يەر. 16:16؛ ئەز. 9:47؛ مات. 19:4؛ مار. 17:1.

**11:5** مات. 20:4؛ 27:19؛ مار. 28:10؛ لۇقا 28:18.

**ئۇ ئەيسانى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنىڭدىن:**
**تەقسىر، ئەگەر سەن خالىساڭ، مېنى ساقايتىپ پاك قىلالايسەن!**
**— دەپ يالۋۇردى.**
[13] **ئەيسا قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ:**
**خالايمەن، پاكلانغىن! — دېۋىدى، بۇ ئادەمنىڭ ماخاۋ كېسىلى**
**دەرھال ئۇنىڭدىن كەتتى.** [14] **ئەيسا ئۇنىڭغا:**
**ھازىر بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتما، بەلكى ئۇدۇل بېرىپ كاھىنغا**
**ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ، ئۇلاردا بىر گۇۋاھلىق بولۇش ئۈچۈن، مۇسا**
**بۇ ئىشتا ئەمر قىلغاندەك ئۆزۈڭنىڭ ساقايتىلغىنىڭ ئۈچۈن بىر**
**قۇربانلىقنى سۇنغىن، — دېدى.**
[15] **لېكىن ئۇ توغرىسىدىكى خەۋەر تېخىمۇ تارقىلىپ پۇر كەتتى؛**
**شۇنىڭ بىلەن توپ-توپ خەلق ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۆز**
**ئاغرىق-كېسەللىرىنى ساقايتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا**
**يىغىلىپ كېلەتتى.** [16] **ھالبۇكى، ئۇ پات-پات ئۇلاردىن چېكىنىپ**
**چۆللۈك يەرلەرگە بېرىپ دۇئا قىلاتتى.**

---

12:5 **«تەقسىر...»** — ياكى «ئى رەب...». **«پۈتۈن بەدىنىنى ماخاۋ بېسىپ كەتكەن بىر ئادەم...»** — «ماخاۋ كېسىلى» بىرخىل قورقۇنچلۇق تېرە كېسىلى بولۇپ، يەھۇدىيلار بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنى ناپاك، دەپ قاراپ ئۇلارغا قەتئىي يېقىنلاشمايتتى. بۇ كېسەل توغرۇلۇق يەنە «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**12:5** مات. 2:8؛ مار. 40:1.

14:5 **«ئۇلاردا بىر گۇۋاھلىق بولۇش ئۈچۈن، مۇسا بۇ ئىشتا ئەمر قىلغاندەك ساقايتىلغىنىڭ ئۈچۈن بىر قۇربانلىقنى سۇنغىن»** — مۇسا پەيغەمبەر تەۋرات قانۇنىدا شۇنداق ئەمرنى كۆرسەتكەن: — بىر ماخاۋ كېسىلى ساقايتىلغان بولسا، ئۇ مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ساقايتىلغانلىقىنى كاھىنغا كۆرسىتىپ ئاندىن ماخاۋ كېسىلىدىن ساقايغانلار قىلىشقا تېگىشلىك قۇربانلىقنى سۇنۇشى كېرەك ئىدى. شۈبھىسىزكى، مۇسا پەيغەمبەردىن باشلاپ مەسىھ ئەيسا كەلگۈچە بۇ مۇراسىم ھېچ ئۆتكۈزۈلۈپ باققان ئەمەس ئىدى. «لاۋ.» 1:14-32نى كۆرۈڭ.

**14:5** لاۋ. 2:13؛ 2:14؛ مات. 4:8.

## ئەيسانىڭ ئادەمنىڭ گۇناھلارنى «كەچۈرۈم قىلىندى» دېيىش ھوقۇقى

مات. 8-1:9؛ مار. 12-1:2

17 شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق بولدىكى، ئۇ تەلىم بېرىۋاتقاندا،
يېنىدا پەرىسىيلەر ۋە تەۋرات ئەھلىلىرى ئولتۇراتتى. ئۇلار
گالىلىيە، يەھۇدىيە ئۆلكىلىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا-قىشلاقلىرى
ۋە يېرۇسالېمدىن كەلگەنىدى. پەرۋەردىگارنىڭ كېسەللەرنى
ساقايتىش كۈچ-قۇدرىتى ئۇنىڭغا يار بولدى. 18 شۇ پەيتتە، مانا
بىرقانچە كىشى زەمبىلگە ياتقۇزۇلغان بىر پالەچنى كۆتۈرۈپ
كەلدى. ئۇلار ئۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىرىشكە ئىنتىلىشتى.
19 بىراق ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن كېسەلنى ئەكىرىشكە ئامال
تاپالماي، ئۇلار ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۆگزىدىكى كاھىشلارنى
ئېچىپ، كېسەلنى ئۆينىڭ ئىچىگە زەمبىلدە ياتقان ھالدا
خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئەيسانىڭ ئالدىغا چۈشۈردى. 20 ئۇ
ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى كۆرۈپ پالەچكە:
بۇرادەر، گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى! ــ دېدى.
21 تەۋرات ئۇستازلىرى بىلەن پەرىسىيلەر كۆڭلىدە:
بۇنداق كۇپۇرلۇق سۆزلىگەن بۇ ئادەم كىمدۇر؟! خۇدادىن باشقا
گۇناھلارنى كەچۈرەلەيدىغان كىم بار؟ ــ دەپ ئويلاشتى.
22 بىراق ئەيسا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئەيىب ئىزدەشلىرىنى بىلىپ يېتىپ،
جاۋابەن:
سىلەر كۆڭلۈڭلاردا نېمىشقا ئەيىب ئىزدەيسىلەر؟ 23 «گۇناھلىرىڭ

---

18:5 **«... ئۇلار ئۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىرىشكە ئىنتىلىشتى»** ــ ئەيسا ئۆيدە ئولتۇراتتى (19-ئايەتنى كۆرۈڭ).

18:5 مات. 1:9؛ مار. 3:2؛ روس. 33:9.

21:5 **«پەرىسىيلەر»** ــ قاتتىق تەلەپلىك بىر دىنىي مەزھەپتىكىلەر ئىدى. ئۇلار توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

21:5 زەب. 5:32؛ يەش. 25:43.

كەچۈرۈم قىلىندى!» دېيىش ئاسانمۇ ياكى «ئورنۇڭدىن تۇر، ماڭ!»
دېيىشمۇ؟ [24]ئەمما ھازىر سىلەرنىڭ ئىنسانئوغلىنىڭ يەر يۈزىدە
گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى
بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ــ ئۇ پالەچ كېسەلگە:

ساڭا ئېيتايكى، ئورنۇڭدىن تۇر، ئورنۇڭنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيۈڭگە
قايت! ــ دەپ بۇيرۇدى.

[25]ھېلىقى ئادەم دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،
ئۆزى ياتقان زەمبىلنى ئېلىپ، خۇدانى ئۇلۇغلىغىنىچە ئۆيىگە
قايتتى. [26]ھەممەيلەننى دەھشەتلىك ھەيرانلىق باستى؛ ئۇلار خۇدانى
ئۇلۇغلىشىپ، قورقۇنچقا چۆمگەن ھالدا:

بىز بۈگۈن تىلسىمات ئىشلارنى كۆردۇق! ــ دېيىشتى.

## ئەيسانىڭ لاۋىينى مۇخلىسلىققا چاقىرىشى ـ «گۇناھكارلار» بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇرۇشى

مات. 9:9-13؛ مار. 2:13-17

[27]بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئۇ يولغا چىقىپ، لاۋىي ئىسىملىك بىر
باجگىرنى كۆردى. ئۇ باج يىغىدىغان ئورۇندا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭغا:

ماڭا ئەگەشكىن! ــ دېدى.

[28]ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممىنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

[29]لاۋىي ئۆيىدە ئۇنىڭغا كاتتا بىر زىياپەت بەردى. ئۇلار بىلەن زور بىر

---

24:5 **«سىلەرنىڭ ئىنسانئوغلىنىڭ يەر يۈزىدە گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن»** ــ «ئىنسانئوغلى» توغرۇلۇق «مات.» 20:8دىكى ئىزاھات ۋە «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

27:5 **«ئۇ يولغا چىقىپ، لاۋىي ئىسىملىك بىر باجگىرنى كۆردى»** ــ «لاۋىي»نىڭ باشقا ئىسمى «ماتتا» ئىدى.

**27:5** مات. 9:9؛ مار. 2:14، 15.

توپ باجگىرلار ۋە باشقىلارمۇ شۇ يەردە ھەمداستىخان بولغانىدى.
30 بىراق پەرىسىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئېقىمىدىكى تەۋرات ئۇستازلىرى
غۇدۇڭشۇپ ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا:
سىلەر نېمىشقا باجگىر ۋە گۇناھكارلار بىلەن بىر داستىخاندا يەپ-
ئىچىپ ئولتۇرىسىلەر؟! ــ دەپ ئاغرىنىشتى.
31 ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن:

ساغلام ئادەملەر ئەمەس، بەلكى كېسەل ئادەملەر تېۋىپقا موھتاجدۇر.
32 مەن ھەققانىيلارنى ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى تۇۋىغا چاقىرغىلى
كەلدىم، ــ دېدى.

## يېڭى كونىدىن ئۈستۈندۇر

مات. 9:14-17؛ مار. 2:18-22

33 ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭدىن:
نېمىشقا يەھيانىڭ مۇخلىسلىرى دائىم روزا تۇتۇپ دۇئا-تىلاۋەت
قىلىدۇ، پەرىسىيلەرنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، لېكىن

5:29 **«زور بىر توپ باجگىرلار»** ــ «باجگىرلار» ئىسرائىلنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغان رىملىقلار ئۈچۈن ئۆز خەلقىدىن باج يىغىپ بېرىدىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن نەپرەتكە ئۇچرىغان يەھۇدىيلار.

**5:29** مات. 9:10؛ مار. 2:15؛ لۇقا 15:1.

5:30 **«سىلەر نېمىشقا باجگىر ۋە گۇناھكارلار بىلەن بىر داستىخاندا يەپ-ئىچىپ ئولتۇرىسىلەر؟!»** ــ «گۇناھكارلار» ــ تەۋرات-ئىنجىل بويىچە ھەربىر ئادەم گۇناھكار، ئەلۋەتتە. لېكىن مۇشۇ ئايەتتىكى «گۇناھكارلار» دېگەن سۆز، ھالى چوڭ پەرىسىيلەر ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە «گۇناھكارلار» دەپ ئاتالغان باجگىرلار، پاھىشە ئاياللار، ھەتتا ساۋاتسىز كىشىلەر قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

5:32 **«مەن ھەققانىيلارنى ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى تۇۋىغا چاقىرغىلى كەلدىم»** ــ مۇشۇ سۆزدە «گۇناھكارلار» دېگىنى، ئۆزلىرىنى گۇناھكار دەپ تونۇپ يەتكەنلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەممە ئادەم گۇناھكاردۇر. «ھەققانىيلار» ئۆزىنى ھەققانىي دەپ ھېسابلىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مەسىھ ئۇلارنى چاقىرالمايتتى ۋە ھازىرمۇ چاقىرالمايدۇ.

**5:32** مات. 9:13؛ لۇقا 19:10؛ 1تىم. 1:15.

سىنىڭ مۇخلىسلىرىڭ يەپ-ئىچىپلا يۈرىدىغۇ! ــ دەپ سوراشتى.
[34] ئۇ ئۇلارغا:
تويى بولۇۋاتقان يىگىت تويدا توي مېھمانلىرى بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇرغان چاغدا ئۇلارنى روزا تۇتقۇزالامسىلەر؟ [35] ئەمما شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، يىگىت ئۇلاردىن ئېلىپ كېتىلىدۇ، ئۇلار شۇ كۈنلەردە روزا تۇتىدۇ.
[36] ئۇ ئۇلارغا بىر تەمسىلمۇ كەلتۈردى:
ھېچكىم يېڭى كۆڭلەكتىن يىرتىپ، ئۇنى كونا كۆڭلەككە ياماق قىلمايدۇ. ئۇنداق قىلسا، يېڭى كۆڭلەكنىمۇ يىرتقان بولىدۇ، شۇنداقلا يېڭىدىن ئالغان ياماقمۇ كونا كۆڭلەككە ماس كەلمەيدۇ.
[37] شۇنىڭدەك، ھېچكىم يېڭى شارابنى كونا تۇلۇملارغا قاچىلىمايدۇ.
ئۇنداق قىلسا، يېڭى شارابنىڭ كۆپۈشى بىلەن تۇلۇملار يېرىلىدۇ-دە، شارابمۇ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ؛ تۇلۇملارمۇ كاردىن چىقىدۇ. [38] شۇڭا يېڭى شاراب يېڭى تۇلۇملارغا قاچىلىنىش كېرەك، شۇنداقتا ئىككىلىسى ساقلىنىپ قالىدۇ. [39] ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېچكىم كونا شارابتىن كېيىن يېڭىسىنى ئىچىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇ: «بولدى، كونىسى ياخشى!» دەيدۇ.

---

33:5 مات. 14:9.

34:5 **«توي مېھمانلىرى»** ــ گرېك تىلىدا «مەرىكە زالىنىڭ پەرزەنتلىرى» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

34:5 يەش. 5:62؛ 2كور. 2:11.

35:5 **«ئەمما شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، يىگىت ئۇلاردىن ئېلىپ كېتىلىدۇ، ئۇلار شۇ كۈنلەردە روزا تۇتىدۇ»** ــ بۇ سۆزلەر ئەيسانىڭ «ئۇلاردىن (مېھمانلاردىن) ئېلىپ كېتىلىپ» ئۆلۈمى ئۆزگە ئەگەشكەنلەرگە قايغۇ-ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بېشارەت.

37:5 مات. 17:9؛ مار. 22:2.

39:5 **«ھېچكىم كونا شارابتىن كېيىن يېڭىسىنى ئىچىشنى خالىمايدۇ»** ــ ئادەتتە، كونا شاراب دەرۋەقە يېڭى شارابتىن ياخشى، ئەلۋەتتە.

## ئەيسا «شابات كۈنى»نىڭ ئىگىسىدۇر

مات. 12:1-8؛ مار. 2:23-28

6 1 ئىككىنچى «مۇھىم شابات كۈنى»، ئۇ بۇغدايلىقلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى باشاقلارنى ئۈزۈۋېلىپ، ئالقىنىدا ئۇۋۇلاپ يەۋاتاتتى. 2 لېكىن بۇنى كۆرگەن بەزى پەرىسىيلەر ئۇلارغا:
سىلەر نېمىشقا شابات كۈنى تەۋراتتا چەكلەنگەن ئىشنى قىلىسىلەر؟
― دېيىشتى.

---

1:6 «ئىككىنچى «مۇھىم شابات كۈنى»» ― گرېك تىلىدا «ئىككىنچى «بىرىنچى شابات كۈنى»» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىز «بىرىنچى»نى «مۇھىم» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. سەۋەبىنى تۆۋەندە چۈشەندۈرىمىز.
―«ئىككىنچى «بىرىنچى شابات كۈنى»» دېگەن بۇ ئىبارىنى چۈشەندۈرۈش تەس. ئالىملارنىڭ بۇ توغرۇلۇق ئىككى پىكرى بار:―
― 1-پىكىر: ― يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئىككى خىل كالېندارى بار ئىدى. بىرىنچى كالېندار بابىللىقلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ كۆزدە («كانايى چېلىش ھېيتى» ياكى «بۇرغا ھېيتى» بىلەن) باشلىناتتى. بۇ كالېندار بويىچە، شۇ يىلدىكى «بىرىنچى شابات» بولسا «تۇنجى «بىرىنچى شابات»» دەپ ئاتالغان. ئىككىنچى كالېندار ئەتىيازدا باشلىناتتى («مىس.» 2:12نى كۆرۈڭ). شۇ ئالىملارنىڭ پىكرىچە، ئىككىنچى كالېندار بويىچە، شۇ يىلدىكى بىرىنچى شابات «ئىككىنچى «بىرىنچى شابات»» دەپ ئاتىلاتتى.
― 2-پىكىر: ― بۇ «يەتتە ھەپتە ھېيتى»نىڭ ئىككىنچى ھەپتىسىدىكى شابات كۈنىنى كۆرسىتىدۇ («لاۋ.» 10:23-22نى كۆرۈڭ). شۇ ئالىملارنىڭ پىكرىچە، بۇ ھېيتنىڭ ئىككىنچى شابات كۈنى «ئىككىنچى «بىرىنچى شابات»» دەپ ئاتىلاتتى. مۇشۇ پىكىر بويىچە «بىرىنچى» دېگەن سۆز مۇشۇ ئايەتتە ئاساسەن «مۇھىم» دېگەن مەنىدە.
―بىزنىڭچە بۇ 2-پىكىر توغرىدۇر، چۈنكى «يېڭى يىل»نىڭ (ئەتىيازدىكى) «بىرىنچى شابات»ىدا، يېڭى بۇغداي ياكى ئارپا دانلىرىنى يېيىش چەكلەنگەنىدى، بەلكىم خۇداغا ئاتاش كېرەك ئىدى («لاۋ.» 14:23-ئايەتنى يەنە كۆرۈڭ). نېمىلا بولمىسۇن، شۇ ۋاقىت ئەتىيازغا توغرا كېلەتتى.
**1:6** قان. 24:23؛ مات. 1:12؛ مار. 2:23.
**2:6 «نېمىشقا شابات كۈنى تەۋراتتا چەكلەنگەن ئىشنى قىلىسىلەر؟»** ― «چەكلەنگەن ئىش» تەۋرات قانۇنىدا چەكلەنگەن، دېمەكچى. ئۇلارنىڭ شىكايەت قىلغىنى مۇخلىسلارنىڭ يېيىشى ئەمەس («قان.» 25:23نى كۆرۈڭ)، بەلكى شابات كۈنىدە مۇخلىسلارنىڭ «ھوسۇل ئالغانلىق»ى ئىدى. «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە مۇشۇ ۋەقە توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ.
**2:6** مىس. 10:20.

[3]ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن:
سىلەر ھەتتا داۋۇت پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئاچ
قالغاندا نېمە قىلغانلىقىنى مۇقەددەس يازمىلاردىن ئوقۇمىغانمۇس
ىلەر؟ [4]دېمەك، ئۇ خۇدانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، خۇداغا ئاتالغان، تەۋراتتا
كاھىنلاردىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېيىشى چەكلەنگەن
«تەقدىم نانلار»نى سوراپ ئېلىپ يېگەن ۋە ھەمراھلىرىغىمۇ بەرگەن
ــ دەپ جاۋاب بەردى. [5]ئاخىرىدا ئۇ ئۇلارغا:
ئىنسانئوغلى شابات كۈنىنىڭمۇ ئىگىسىدۇر، ــ دېدى.
[6]يەنە بىر شابات كۈنى شۇنداق بولدىكى، ئۇ سىناگوگقا كىرىپ تەلىم
بېرىۋاتاتتى. سىناگوگتا ئوڭ قولى يىگىلەپ كەتكەن بىر ئادەم بار ئىدى
. [7]ئەمدى تەۋرات ئۇستازلىرى بىلەن پەرىسىيلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز
قىلغۇدەك بىرەر ئىشنى ئىزدەپ تاپايلى دەپ، ئۇنىڭ شابات كۈنىمۇ كېسەل
ساقايتىدىغان-ساقايتمايدىغانلىقىنى پايلاپ يۈرۈشەتتى. [8]بىراق ئەيسا
ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ، قولى يىگىلەپ كەتكەن ئادەمگە:
ئورنۇڭدىن تۇر، ئوتتۇرىغا چىققىن! ــ دېۋىدى، ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن
قوپۇپ شۇ يەردە تۇردى. [9]ئاندىن ئەيسا ئۇلارغا:
سىلەردىن سوراپ باقايچۇ، تەۋراتقا ئۇيغۇن بولغىنى شابات كۈنى

---

3:6 **«سىلەر ھەتتا داۋۇت پەيغەمبەر ... نېمە قىلغانلىقىنى مۇقەددەس يازمىلاردىن ئوقۇمىغانمۇسىلەر؟»** ــ «ئوقۇمىغانمۇسىلەر؟» دېگەن سۆز پەرىسىيلەرنىڭ دائىم رەقىبلىرىدىن سورايدىغان سوئال شەكلى ئىدى.

4:6 **«دېمەك، ئۇ خۇدانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، خۇداغا ئاتالغان، تەۋراتتا كاھىنلاردىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېيىشى چەكلەنگەن «تەقدىم نانلار»نى سوراپ ئېلىپ يېگەن ۋە ھەمراھلىرىغىمۇ بەرگەن»** ــ بۇ ۋەقە «1سام.» 1:21-7دە خاتىرىلەنگەن.

5:6 مات. 8:12؛ مار. 28:2.

6:6 مات. 9:12؛ مار. 1:3.

7:6 **«...ئەيسانىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇدەك بىرەر ئىشنى ئىزدەپ تاپايلى دەپ، ئۇنىڭ شابات كۈنىمۇ كېسەل ساقايتىدىغان-ساقايتمايدىغانلىقىنى پايلاپ يۈرۈشەتتى»** ــ ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان ئەرزى بولسا «ئۇ شابات كۈنىدە كېسەلنى ساقايتسا، «ئىشلىگەن» ياكى «خىزمەت قىلغان»غا باراۋەر بولىدۇ، شۇڭا (ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىچە) «تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان»» بولىدۇ.

ياخشىلىق قىلىشمۇ، ياكى يامانلىق قىلىشمۇ؟ جاننى قۇتقۇزۇشمۇ
ياكى جانغا زامىن بولۇشمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. [10] ئەتراپىدىكىلەرنىڭ
ھەممىسىگە نەزەر سالغاندىن كېيىن، ئۇ ھېلىقى ئادەمگە:
قولۇڭنى ئۇزات، ــ دېدى. ئۇ شۇنداق قىلىشى بىلەنلا قولى ئەسلىگە
كەلتۈرۈلۈپ ئىككىنچى قولىغا ئوخشاش بولدى. [11] لېكىن ئۇلار
غەزەپتىن ھوشىنى يوقىتىپ، ئەيساغا قانداق تاقابىل تۇرۇش
توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە باشلىدى.

## ئەيسانىڭ ئون ئىككى روسۇلنى تاللىشى

مات. 1:10-4؛ مار. 13:3-19

[12] شۇ كۈنلەردە شۇنداق بولدىكى، ئۇ دۇئا قىلىشقا تاغقا چىقتى ۋە ئۇ
يەردە خۇداغا كېچىچە دۇئا قىلدى. [13] تاڭ ئاتقاندا، مۇخلىسلىرىنى
ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئون ئىككىيلەننى تاللاپ،
ئۇلارنى روسۇل دەپ ئاتىدى. [14] ئۇلار: سىمون (ئەيسا ئۇنى پېترۇس
دەپمۇ ئاتىغان) ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئاندرىياس؛ ياقۇپ ۋە يۇھاننا،
فىلىپ ۋە بارتولوماي، [15] ماتتا ۋە توماس، ئالفايىنىڭ ئوغلى ياقۇپ
ۋە مەللەتپەرۋەر دەپ ئاتالغان سىمون، [16] ياقۇپنىڭ ئوغلى يەھۇدا ۋە
كېيىن ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدا ئىشقارىيوتلار ئىدى.

---

10:6 **«ئۇ شۇنداق قىلىشى بىلەنلا قولى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئىككىنچى قولىغا ئوخشاش بولدى»** ــ «ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ» دېگەن پېئىلنىڭ مەجھۇل شەكلى بىزگە بۇ ئىشنى خۇدا ئۆزى قىلغان، دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ. ئەمدى ئۇلار بۇ مۆجىزىنى «شابات كۈنىدە ياراتقانلىقى» ئۈچۈن زادى كىمنى ئەيىبلىمەكچى؟

**10:6** 1پاد. 6:13.

11:6 **«ئۇلار غەزەپتىن ھوشىنى يوقىتىپ...»** ــ «ئۇلار» 7-ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە پەرىسىيلەر».

**13:6** مات. 1:10؛ مار. 13:3؛ 7:6؛ لۇقا 1:9.

15:6 **«مەللەتپەرۋەر»** ــ ياكى، «قانانائىلىق». يەھۇدىي مەللەتپەرۋەرلەر ۋەتىنىنى رىم ئىمپېرىيەسىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن زوراۋانلىق بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلار ئىدى.

16:6 **«ياقۇپنىڭ ئوغلى»** ــ بۇ ياقۇپ 14- ۋە 15-ئايەتتىكى «ياقۇپ»لاردىن باشقىسى بولسا كېرەك. **«ياقۇپنىڭ ئوغلى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە «ياقۇپنىڭ ئىنىسى» دېيىلىدۇ.

## ئەيسانىڭ كېسەللەرنى ساقايتىشى ۋە تەلىم بېرىشى

مات. 25-23:4؛ 12-1:5

17 ئەيسا روسۇللىرى بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، بىر تۈزلەڭلىكتە
تۇراتتى. شۇ يەردە نۇرغۇن مۇخلىسلىرى ھەمدە پۈتكۈل يەھۇدىيە
ئۆلكىسىدىن ۋە يېرۇسالېمدىن، تۇر ۋە زىدون شەھەرلىرىگە قارايدىغان
دېڭىز بويىدىكى يۇرتلاردىن توپ-توپ كىشىلەر يىغىلىشتى. ئۇلار
ئۇنىڭ تەلىملىرىنى ئاڭلاش ۋە كېسەللىرىگە شىپالىق ئىزدەش
ئۈچۈن كەلگەنىدى. 18 ناپاك روھلاردىن ئازابلانغانلارمۇ شىپالىق
تېپىشتى. 19 بۇ توپ-توپ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى ئۇنىڭغا
تەگكۈزۈۋېلىشقا ئىنتىلەتتى؛ چۈنكى كۈچ-قۇدرەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن
چىقىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە شىپالىق بېرىۋاتاتتى.

## خۇشاللىق ۋە قايغۇ

20 شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇخلىسلىرىغا قاراپ مۇنداق
دېدى:
«مۇبارەك، ئەي يوقسۇللار! چۈنكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى
سىلەرنىڭكىدۇر.
21 مۇبارەك، ئەي ھازىر ئاچ قالغانلار! چۈنكى سىلەر تولۇق تويۇنىسىلەر.
مۇبارەك، ئەي يىغلاۋاتقانلار! چۈنكى كۈلىدىغان بولىسىلەر.
22 كىشىلەر ئىنسانئوغلىنىڭ ۋەجىدىن سىلەردىن نەپرەتلەنسە،
سىلەرنى ئۆزلىرىدىن چەتكە قاقسا، سىلەرگە تۆھمەت-ھاقارەت

---

**17:6** مات. 25:4؛ مار. 7:3.

**19:6** مار. 30:5.

20:6 **«مۇبارەك، ئەي يوقسۇللار!»** — «يوقسۇللار» بەلكىم ئۆزىنىڭ خۇداغا قەتئىي موھتاجلىقىنى تونۇپ يەتكەنلەر. بۇ ئايەتلەردە «مۇبارەك» دېگەن سۆز (خۇدا تەرىپىدىن) «بەختلىك، بەرىكەتلىك قىلىنغان» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**20:6** مات. 2:5.

**21:6** يەش. 3:61؛ 13:65؛ 10:66.

قىلسا، نامىڭلارنى رەزىل دەپ قارغىسا، سىلەرگە مۇبارەك! [23]شۇ
كۈنى شادلىنىپ تەنتەنە قىلىپ سەكرەڭلار. چۈنكى مانا، ئەرشتە
بولغان ئىنئامىڭلار زوردۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بۇرۇنقى
پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئوخشاش ئىشلارنى قىلغان.

[24]— لېكىن ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي بايلار!
چۈنكى سىلەر ئاللىقاچان راھەت-پاراغىتىڭلارغا ئىگە بولدۇڭلار!
[25]ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي قارنى تويۇنغانلار!
چۈنكى سىلەر ئاچ قالىسىلەر.
ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي كۈلۈۋاتقانلار!
چۈنكى ھازا تۇتۇپ يىغلايسىلەر.
[26]ھەممەيلەن سىلەرنى ياخشى دېگەندە، ھالىڭلارغا ۋاي! چۈنكى
ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ بۇرۇنقى ساختا پەيغەمبەرلەرگە شۇنداق
قىلغان».

## دۈشمەنلەرگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار

مات. 5:38-48؛ 12:7

[27]— بىراق ماڭا قۇلاق سالغان سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى،
دۈشمەنلىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار؛ سىلەرگە ئۆچ
بولغانلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. [28]سىلەرنى قارغىغانلارغا بەخت
تىلەڭلار؛ سىلەرگە يامان مۇئامىلىدە بولغانلارغىمۇ دۇئا قىلىڭلار.
[29]بىرسى مەڭزىڭگە ئۇرسا، ئىككىنچى مەڭزىڭنىمۇ تۇتۇپ بەر؛

6:22 مات. 11:5؛ 1پېت. 19:2؛ 14:3؛ 14:4.
6:23 روس. 41:5؛ 51:7.
6:24 ئام. 1:6، 8.
6:25 يەش. 13:65؛ ياق. 9:4؛ 1:5.
6:27 مىس. 4:23؛ پەند. 21:25؛ مات. 44:5؛ رىم. 20:12؛ 1كور. 12:4.
6:28 لۇقا 34:23؛ روس. 60:7.

بىرسى چاپىنىڭنى ئېلىۋالىمەن دېسە، كۆڭلىكىڭنىمۇ ئايىماي
بەرگىن. [30] بىرسى سەندىن بىرنېمە تىلىسە، ئۇنىڭغا بەرگىن. بىرسى
سېنىڭ بىرەر نەرسەڭنى ئېلىپ كەتسە، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى
سورىما. [31] باشقىلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى
ئۈمىد قىلساڭلار، سىلەرمۇ ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭلار.
[32] ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارنى ياخشى كۆرگەنلەرگىلا مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسەتسەڭلار، ئۇنداقتا سىلەردە نېمە شاپائەت بولسۇن؟ چۈنكى
ھەتتا گۇناھكارلارمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرگە مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسىتىدىغۇ. [33] ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ياخشىلىق قىلغانلارغىلا
ياخشىلىق قىلساڭلار، ئۇنداقتا سىلەردە نېمە شاپائەت بولسۇن؟
چۈنكى ھەتتا گۇناھكارلارمۇ شۇنداق قىلىدىغۇ! [34] ئەگەر سىلەر
قەرزنى «چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ» دەپ ئويلىغانلارغا بەرسەڭلار،
ئۇنداقتا سىلەردە نېمە شاپائەت بولسۇن؟ چۈنكى ھەتتا گۇناھكارلارمۇ
ئەينەن قايتۇرۇپ ئالىمىز دەپ باشقا گۇناھكارلارغا قەرز بېرىدىغۇ
! [35] لېكىن سىلەر بولساڭلار، دۈشمىنىڭلارغىمۇ مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسىتىڭلار، ياخشىلىق قىلىڭلار، باشقىلارغا ئۆتنە بېرىڭلار
ۋە «ئۇلار بىزگە بىرنېمە قايتۇرىدۇ» دەپ ئويلىماڭلار. شۇ چاغدا،
ئىنئامىڭلار زور بولىدۇ ۋە سىلەر ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ
پەرزەنتلىرى بولىسىلەر. چۈنكى ئۇ تۇزكورلارغا ۋە رەزىللەرگىمۇ

---

**29:6** 1كور. 7:6.

**30:6** **«بىرسى سەندىن بىرنېمە تىلىسە، ئۇنىڭغا بەرگىن»** — نېمىنى بېرىش كېرەكلىكىنى رەببىمىز ئېيتمىدى. بەزى ئەھۋالدا تىلىگۈچىگە تىلىگىنىنى بەرسەك ئۇنىڭغا پايدا ئەمەس، بەلكى زىيان يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن، ھاراقكەش ئادەم پۇل ياكى ھاراق تىلىسە بۇنى بەرسەك بولمايدۇ؛ لېكىن مۇمكىن بولسا ياردەم قولىمىزنى ئۇزىتىشىمىز كېرەك. باشقا مىسال «روس.» 1:3-11دە تېپىلىدۇ، بولۇپمۇ 6-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**30:6** قان. 7:15؛ مات. 42:5.

**31:6** مات. 12:7.

**32:6** مات. 46:5.

**34:6** قان. 8:15؛ مات. 42:5.

مېھرىبانلىق قىلىدۇ. 36
ئاتاڭلار مېھرىبان بولغىنىدەك سىلەرمۇ
مېھرىبان بولۇڭلار.

## باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلماڭلار

مات. 7:1-5

37
— باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىپ يۈرمەڭلار. بولمىسا، سىلەر
خۇدانىڭ ھۆكۈمىگە ئۇچرايسىلەر. باشقىلارنى گۇناھقا بېكىتمەڭلار
ۋە سىلەرمۇ گۇناھقا بېكىتىلمەيسىلەر. باشقىلارنى كەچۈرۈڭلار ۋە
سىلەرمۇ كەچۈرۈم قىلىنىسىلەر. 38
بېرىڭلار ۋە سىلەرگىمۇ بېرىلىدۇ
— ھەتتا چوڭ ئۆلچىگۈچكە لىق چىڭداپ، سىلكىپ تولدۇرۇلۇپ
ئۈستىدىن تېشىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە قوينۇڭلارغا تۆكۈپ
بېرىلىدۇ. سىلەر باشقىلارغا قانداق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەپ بەرسەڭلار،
سىلەرگىمۇ شۇنداق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەپ بېرىلىدۇ.
39
ئاندىن ئۇ ئۇلارغا تەمسىل ئېيتىپ مۇنداق دېدى:
قارىغۇ قارىغۇنى يېتىلەپ ماڭالامدۇ؟ ئۇنداق قىلسا، ھەر ئىككىسى
ئورەككە چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟ 40
مۇخلىس ئۇستازىدىن ئۈستۈن

---

35:6 **«ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرى بولىسىلەر»** — دېمەك، ئەمەللىرىڭلار بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بولىدۇ.

**35:6** مات. 5:45.

**37:6** مات. 7:1؛ رىم. 2:1؛ 1كور. 4:5.

38:6 **«سىلەرگىمۇ بېرىلىدۇ — ھەتتا چوڭ ئۆلچىگۈچكە لىق چىڭداپ، سىلكىپ تولدۇرۇلۇپ ئۈستىدىن تېشىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە قوينۇڭلارغا تۆكۈپ بېرىلىدۇ»** — ئوتتۇرا شەرقتە بىرسى براۋغا ئاشلىق ھەدىيەسى قىلماقچى بولسا (1) ئاشنى خالتىغا لىق قاچىلايدۇ؛ (2) دانلار چىڭدىلىپ چۈشسۇن دەپ خالتىنى سىلكىيدۇ؛ (3) چىڭدالغان دانلارنىڭ ئۈستىگە «تېشىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە» يەنە قاچىلايدۇ.

**38:6** پەند. 22:10؛ 17:19؛ مات. 2:7؛ مار. 24:4.

**39:6** يەش. 42:19؛ مات. 14:15.

تۇرمايدۇ؛ لېكىن تاكامۇللاشتۇرۇلغىنى ئۇستازىغا ئوخشاش بولىدۇ.
[41] ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇرادىرىڭنىڭ كۆزىدىكى قىلنى كۆرۈپ، ئۆز
كۆزۈڭدىكى لىمنى بايقىيالمايسەن؟! [42] سەن قانداقمۇ ئۆز كۆزۈڭدە
تۇرغان لىمنى كۆرمەي تۇرۇپ بۇرادىرىڭغا: «قېنى، كۆزۈڭدىكى
قىلنى ئېلىۋېتەي!» دېيەلەيسەن؟! ئەي ساختىپەز! ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ
كۆزىدىكى لىمنى ئېلىۋەت، ئاندىن ئېنىق كۆرۈپ، بۇرادىرىڭنىڭ
كۆزىدىكى قىلنى ئېلىۋېتەلەيسەن. [43] چۈنكى ھېچقانداق ياخشى
دەرەخ يامان مېۋە بەرمەيدۇ، ھېچقانداق يامان دەرەخمۇ ياخشى مېۋە
بەرمەيدۇ. [44] ھەرقانداق دەرەخنى بەرگەن مېۋىسىدىن پەرق ئەتكىلى
بولىدۇ. چۈنكى تىكەندىن ئەنجۈرنى ئۈزگىلى بولماس، يانتاقتىن
ئۈزۈم ئۈزگىلى بولماس. [45] ياخشى ئادەم قەلبىدىكى ياخشىلىق
خەزىنىسىدىن ياخشىلىق چىقىرىدۇ؛ رەزىل ئادەم قەلبىدىكى
رەزىللىك خەزىنىسىدىن رەزىللىكنى چىقىرىدۇ. چۈنكى قەلب
نېمىگە تولدۇرۇلغان بولسا، ئېغىزدىن شۇ چىقىدۇ.

## ئىككى خىل ئىمارەت سالغان كىشىلەر

مات. 7:24-27

[46] — سىلەر نېمىشقا مېنى «رەب! رەب!» دەيسىلەر-يۇ، بىراق سىلەرگە

40:6 «**مۇخلىس ئۇستازىدىن ئۇستۈن تۇرمايدۇ؛ لېكىن تاكامۇللاشتۇرۇلغىنى ئۇستازىغا ئوخشاش بولىدۇ**» — بۇ سىرلىق سۆز بەلكىم مۇخلىسلار مەسىھكە تولۇق ئەگەشسە، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتنى كۆرۈشى مۇمكىن، دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**40:6** مات. 24:10؛ يۇھ. 16:13؛ 20:15.

41:6 «**بۇرادىرىڭنىڭ كۆزىدىكى قىل**» — ياكى «قېرىندىشىڭنىڭ كۆزىدىكى قىل». «**ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇرادىرىڭنىڭ كۆزىدىكى قىلنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزۈڭدىكى لىمنى بايقىيالمايسەن؟!**» — مەنىسى: «نېمە ئۈچۈن بۇرادىرىڭنىڭ ھەرە كېپىكىدەك كىچىك سەۋەنلىكىنىلا كۆرۈپ، ئۆزۈڭدىكى لىمدەك چوڭ گۇناھنى كۆرمەيسەن؟» دېگەندەك.

**41:6** مات. 7:3.

**43:6** مات. 7:17؛ 12:33.

**44:6** مات. 7:16.

**45:6** مات. 12:35.

ئېيتقانلىرىمغا ئەمەل قىلمايسىلەر؟ [47]ئەمىسە، مېنىڭ ئالدىمغا
كېلىپ، سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلغان ھەركىمنىڭ كىمگە
ئوخشىغانلىقىنى سىلەرگە كۆرسىتىپ بېرەي. [48]ئۇ خۇددى چوڭقۇر
كولاپ، ئۇلىنى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە سېلىپ ئۆي سالغان كىشىگە
ئوخشايدۇ. كەلكۈن كەلگەندە، سۇ ئېقىمى ئۇ ئۆينىڭ ئۈستىگە زەرب
بىلەن ئۇرۇلغىنى بىلەن، ئۇنى مىدىر-سىدىر قىلالمىدى، چۈنكى
ئۇ پۇختا سېلىنغان. [49]لېكىن سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئەمەل
قىلمايدىغان كىشى بولسا، قۇرۇق يەرنىڭ ئۈستىگە ئۇلسىز ئۆي
سالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. كەلكۈن ئېقىمى شۇ ئۆينىڭ ئۈستىگە
ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۇ ئۆرۈلۈپ كەتتى؛ ئۇنىڭ ئۆرۈلۈشى ئىنتايىن
دەھشەتلىك بولدى!

## ئەيسانىڭ رىملىق يۈزبېشىنىڭ چاكىرىنى ساقايتىشى

مات. 8:5-13؛ يۇھ. 4:43-54

7 [1]ئەيسا كۆپچىلىككە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ
بولغاندىن كېيىن، كەپەرناھۇم شەھىرىگە قايتا كىردى. [2]ئۇ
يەردە مەلۇم بىر يۈزبېشىنىڭ ئەتىۋارلىق قۇلى ئېغىر كېسەل بولۇپ،
سەكراتتا ياتاتتى. [3]يۈزبېشى ئەيسانىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بىرنەچچە
يەھۇدىي ئاقساقالنى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ كېلىپ قۇلىنى
قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن ئۆتۈنۈشكە ئەۋەتتى. [4]ئۇلار ئەيسانىڭ ئالدىغا

---

**46:6** مال. 1:6؛ مات. 7:21؛ 11:25؛ لۇقا 25:13؛ رىم. 2:13؛ ياق. 1:22.

**47:6** مات. 7:24.

3:7 **«... ئەيسانىڭ كېلىپ قۇلىنى قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن...»** — گرېك تىلىدا «قۇتقۇزۇش» ۋە «ساقايتىش» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«يۈزبېشى ئەيسانىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بىرنەچچە يەھۇدىي ئاقساقالنى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەيسانىڭ كېلىپ قۇلىنى قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن ئۆتۈنۈشكە ئەۋەتتى»** — يۈزبېشى رىملىق پۇقرا بولۇپ، يەھۇدىي ئەمەس ئىدى. 5-ئايەتكە قارىغاندا ئۇ رىملىقلارنىڭ بۇتپەرەسلىكىنى تاشلاپ، تەۋرات ئارقىلىق خۇداغا ئېتىقاد باغلىغان ئادەم ئىدى.

كەلگەندە ئۇنىڭغا:
بۇ ئىشنى تىلىگۈچى بولسا، تىلىكىنى ئىجابەت قىلىشىڭىزغا
ھەقىقەتەن ئەرزىيدىغان ئادەم. [5] چۈنكى ئۇ بىزنىڭ يەھۇدىي ئېلىمىزنى
ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھەتتا بىز ئۈچۈن بىر سىناگوگمۇ سېلىپ بەردى، ــ
دەپ جىددىي قىياپەتتە ئۆتۈنۈشتى.
[6] ئەيسا ئۇلار بىلەن بىللە باردى. بىراق ئۆيىگە ئاز قالغاندا، يۈزبېشى
ئەيسانىڭ ئالدىغا بىرنەچچە دوستىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق
دېگۈزدى:
«تەقسىر، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلمىسىلا، ئۆزلىرىنىڭ تورۇسۇمنىڭ
ئاستىغا كېلىشلىرىگە ئەرزىمەيمەن. [7] شۇڭا ئۆزۈمنىمۇ سىلىنىڭ
ئالدىلىرىغا بېرىشقا لايىق ھېسابلىمىدىم. سىلى پەقەت بىر ئېغىز
سۆز قىلىپ قويسىلا، چاكىرىم ساقىيىپ كېتىدۇ. [8] چۈنكى مەنمۇ
باشقا بىرسىنىڭ ھوقۇقى ئاستىدىكى ئادەممەن، قول ئاستىمدىمۇ
لەشكەرلىرىم بار. بىرىگە بار دېسەم بارىدۇ، بىرىگە كەل دېسەم،
كېلىدۇ؛ قۇلۇمغا بۇ ئىشنى قىل دېسەم، ئۇ شۇ ئىشنى قىلىدۇ».
[9] ئەيسا بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈزبېشىغا تەئەججۈپلەندى. ئۇ بۇرۇلۇپ
كەينىگە ئەگەشكەن خالايىققا:
دەرۋەقە، ھەتتا ئىسرائىلدىمۇ بۇنداق زور ئىشەنچنى تاپالمىغانىدىم!
ــ دېدى.
[10] يۈزبېشى ئەۋەتكەن كىشىلەر قايتىپ بارغاندا، كېسەل بولغان
قۇلنىڭ سەللىمازا ساقايغانلىقىنى كۆردى.

---

6:7 **«تەقسىر»** ــ ياكى «رەب».

8:7 **«چۈنكى مەنمۇ باشقا بىرسىنىڭ ھوقۇقى ئاستىدىكى ئادەممەن»** ــ مۇھىم سۆز **«مەنمۇ»** ــ دېمەك، يۈزبېشى رىم ئىمپېراتورىنىڭ ھوقۇقى ئاستىدا تۇرۇپ ئۆز ھوقۇقى بىلەن ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرەلەيتتى؛ ئەيسا ئالەم ئىگىسىنىڭ ھوقۇقى ئاستىدا تۇرۇپ، ھەممىگە قادىرنىڭ ھوقۇقى بىلەن ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى بۇيرۇيدىغان ئادەم ئىدى.

10:7 **«يۈزبېشى ئەۋەتكەن كىشىلەر قايتىپ بارغاندا، كېسەل بولغان قۇلنىڭ سەللىمازا ساقايغانلىقىنى كۆردى»** ــ بۇ ۋەقە «مات.» 8:8-13دىمۇ خاتىرىلىنىدۇ.

## تۇل ئايالنىڭ ئوغلىنى تىرىلدۈرۈش

[11]بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ نائىن دېگەن بىر شەھەرگە باردى. ئۇنىڭ
مۇخلىسلىرى ۋە يەنە توپ-توپ كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
ماڭدى. [12]ئۇ شەھەر قوۋۇقىغا يېقىنلاشقاندا، مانا كىشىلەر جىنازا
كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانىدى. ئۆلگۈچى ئانىسىنىڭ يەككە-يېگانە ئوغلى
ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىسى تۇل ئايال ئىدى. شەھەردىن چوڭ
بىر توپ ئادەم ئايالغا ھەمراھ بولۇپ چىققانىدى. [13]رەب ئۇنى كۆرۈپ،
ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىپ:
يىغلىمىغىن، ــ دېدى. [14]شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆتۈپ، تاۋۇتقا قولىنى
تەگكۈزۈۋىدى، تاۋۇت كۆتۈرگەنلەر توختىدى. ئۇ:
يىگىت، ساڭا ئېيتىمەن، ئويغان! ــ دېدى. [15]ئۆلگۈچى بولسا
رۇسلىنىپ تىك ئولتۇردى ۋە گەپ قىلىشقا باشلىدى. ئەيسا ئۇنى
ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.
[16]ھەممەيلەننى قورقۇنچ بېسىپ، ئۇلار خۇدانى ئۇلۇغلاپ:
«ئارىمىزدا ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەر تۇرغۇزۇلدى!» ۋە «خۇدا ئۆز خەلقىنى
يوقلاپ كەلدى!» ــ دېيىشتى.

[17]ئۇنىڭ توغرىسىدىكى بۇ خەۋەر پۈتۈن يەھۇدىيە زېمىنى ۋە
ئەتراپتىكى رايونلارغا تارقىلىپ كەتتى.

---

14:7 **«ئۇ ئۆتۈپ، تاۋۇتقا قولىنى تەگكۈزۈۋىدى»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە جىنازىغا تېگىش كىشىنى يەتتە كۈنگىچە «ناپاك» قىلاتتى («چۆل.» 19:11-12نى كۆرۈڭ). بىراق ئۆلگەننى تىرىك قىلىش ھەممە ئىشنى باشقىچە قىلىدۇ!

**14:7** روس. 40:9.

16:7 **«خۇدا ئۆز خەلقىنى يوقلاپ كەلدى!»** ــ تەۋرات ۋە ئىنجىلدا «خۇدانىڭ يوقلىشى» ئۇنىڭ ئىنسانلارغا يېقىن كېلىپ ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**16:7** لۇقا 1:68؛ 19:24؛ يـۇھ. 4:19؛ 6:14؛ 9:17.

## يەھيا پەيغەمبەرنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ ئەيسا بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىشى

مات. 11:2-19

[18] يەھيانىڭ مۇخلىسلىرى ئەمدى بۇ بارلىق ئىشلارنىڭ خەۋىرىنى
ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. يەھيا مۇخلىسلىرىدىن ئىككىيلەننى ئۆزىگە
چاقىرىپ، [19] ئۇلارنى ئەيسانىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ: «كېلىشى مۇقەررەر
زات ئۆزۈڭمۇ، ياكى باشقا بىرسىنى كۈتۈشىمىز كېرەكمۇ؟» دەپ سوراپ
كېلىشكە ئەۋەتتى.
[20] ئۇلار ئەيسانىڭ ئالدىغا بېرىپ:
چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا بىزنى سەندىن: «كېلىشى مۇقەررەر زات
ئۆزۈڭمۇ، ياكى باشقا بىرسىنى كۈتۈشىمىز كېرەكمۇ؟» دەپ سوراپ
كېلىشكە يېنىڭغا ئەۋەتتى ــ دېدى.
[21] دەل شۇ ۋاقىتتا ئەيسا ئاغرىق-سىلاق ۋە كېسەل-ۋابا باسقان ۋە يامان
روھلار چاپلاشقان نۇرغۇن كىشىلەرنى ساقايتتى ۋە نۇرغۇن قارىغۇلارنى
كۆرىدىغان قىلدى. [22] شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەھيانىڭ مۇخلىسلىرىغا:
سىلەر قايتىپ بېرىپ، يەھياغا ئۆز ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىڭلار
توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزۈپ ــ «كورلار كۆرەلەيدىغان ۋە توكۇرلار
ماڭالايدىغان بولدى، ماخاۋ كېسىلى بولغانلار ساقايتىلدى،
گاسلار ئاڭلىيالايدىغان بولدى، ئۆلگەنلەرمۇ تىرىلدۈرۈلدى ۋە
كەمبەغەللەرگە خۇش خەۋەر جاكارلاندى» ــ دەپ ئېيتىڭلار. [23] ئۇنىڭغا

---

**18:7** مات. 2:11.

**19:7 «كېلىشى مۇقەررەر زات»** ــ خۇدا ۋەدە قىلغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ، ئەلۋەتتە. يەھيا ئۆزى مەسىھنىڭ يولىنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئەۋەتىلگەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ــ «سەن بىز كۈتكەن كىشىمۇسەن» دەپ گۇمانلىنىپ سورايدۇ. **«كېلىشى مۇقەررەر زات ئۆزۈڭمۇ، ياكى باشقا بىرسىنى كۈتۈشىمىز كېرەكمۇ؟»** ــ يەھيا پەيغەمبەر شۇ مۇخلىسلىرىنى ئەۋەتكەندە زىنداندا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەلكىم: «ئەيسا ھەقىقەتەن قۇتقۇزغۇچى بولسا، نېمىشقا ئۇ مېنى مۇشۇ زىنداندا يېتىشقا يول قويىدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن ئىدى. «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»دە بۇ ئىش («مات.» 11:2-6) توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ.

**22:7** يەش. 18:29؛ 5:35؛ 1:61.

يەنە: «مەندىن گۇمانلانماي پۇتلىشىپ كەتمىگەن كىشى بولسا
بەختلىكتۇر!» دەپ قويۇڭلار، ــ دېدى.
[24] يەھيانىڭ ئەلچىلىرى كەتكەندىن كېيىن، ئۇ توپ-توپ ئادەملەرگە
يەھيا توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ:
«سىلەر بۇرۇن يەھيانى ئىزدەپ چۆلگە بارغىنىڭلاردا، زادى نېمىنى
كۆرگىلى باردىڭلار؟ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قومۇشنىمۇ؟ [25] ياكى
ئېسىل كىيىم كىيگەن بىر ئەربابنىمۇ؟ مانا، ئېسىل كىيىملەرنى
كىيگەن، ئەيش-ئىشرەت ئىچىدە ياشايدىغانلار پادىشاھلارنىڭ
ئوردىلىرىدىن تېپىلىدىغۇ!
[26] ئەمدى سىلەر نېمە كۆرگىلى باردىڭلار؟ بىر پەيغەمبەرنىمۇ؟ دۇرۇس،
ئەمما مەن شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، بۇ بولسا پەيغەمبەردىنمۇ
ئۈستۈن بىر بولغۇچىدۇر. [27] چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردىكى: ــ
«مانا، يۈز ئالدىڭغا ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن؛
ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدا يولۇڭنى تەييارلايدۇ» ــ دەپ يېزىلغان سۆز مانا
دەل ئۇنىڭ توغرىسىدا يېزىلغاندۇر. [28] چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى
ئېيتىپ قويايكى، ئاياللاردىن تۇغۇلغانلار ئارىسىدا يەھيادىنمۇ
ئۇلۇغى يوق؛ ئەمما خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدىكى ئەڭ كىچىك
بولغىنىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ تۇرىدۇ [29] (ئەمدى يەھيانى ئاڭلىغان
پۇقرالار، ھەتتا باجگىرلارمۇ خۇدانىڭ يولىنى توغرا دەپ يەھيانىڭ
چۆمۈلدۈرۈشى بىلەن چۆمۈلدۈرۈلگەنىدى. [30] لېكىن پەرىسىيلەر ۋە

---

23:7 **«مەندىن گۇمانلانماي پۇتلىشىپ كەتمىگەن كىشى بولسا بەختلىكتۇر!»** ــ يەھيا پەيغەمبەر زىنداندا يېتىپ: «ئەيسا قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ بولسا نېمىشقا مېنى زىنداندىن قۇتقۇزمىغان؟» ــ دەپ گۇمانلانغان بولسا كېرەك ئىدى. يەھيانىڭ بۇ سوئالى توغرۇلۇق «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**24:7** مات. 7:11.

27:7 **«مانا، يۈز ئالدىڭغا ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن؛ ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدا يولۇڭنى تەييارلايدۇ»** ــ تەۋرات، «مال.» 1:3؛ «يەش.» 3:40.

**27:7** مىس. 20:23؛ مال. 1:3؛ مار. 2:1.

29:7 **«ھەتتا باجگىرلارمۇ خۇدانىڭ يولىنى توغرا دەپ يەھيانىڭ چۆمۈلدۈرۈشى بىلەن**

تەۋراتشۇناسلار يەھيانىڭ چۆمۈلدۈرۈشىنى قوبۇل قىلماي، خۇدانىڭ
ئۆزلىرىگە بولغان مەقسەت-ئىرادىسىنى چەتكە قاقاندى).
[31] لېكىن بۇ زاماننىڭ كىشىلىرىنى زادى كىملەرگە ئوخشىتاي؟ ئۇلار
كىملەرگە ئوخشايدۇ؟ [32] ئۇلار خۇددى رەستە-بازارلاردا ئولتۇرۇۋېلىپ،
بىر-بىرىگە: «بىز سىلەرگە سۇناي چېلىپ بەرسەكمۇ، ئۇسسۇل
ئوينىمىدىڭلار»، «ماتەم پەدىسىگە چېلىپ بەرسەكمۇ، يىغا-زار
قىلمىدىڭلار» دەپ قاقشايدىغان تۇتۇرۇقسىز باللارغا ئوخشايدۇ.
[33] چۈنكى چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا كېلىپ زىياپەتتە ئولتۇرمايتتى، شاراب
ئىچمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن سىلەر: «ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپتۇ» دې
يىشىسىلەر. [34] ئىنسانئوغلى بولسا كېلىپ ھەم يەيدۇ ھەم ئىچىدۇ
ۋە مانا سىلەر: «تازا بىر تويماس ۋە مەيخور ئىكەن. ئۇ باجگىرلار ۋە
گۇناھكارلارنىڭ دوستىدۇر» دېيىشىسىلەر. [35] لېكىن دانالىق بولسا
ئۆزىنىڭ بارلىق پەرزەنتلىرى ئارقىلىق دۇرۇس دەپ تونۇلىدۇ».

## گۇناھكار ئايالنىڭ ئەيسانى ئەترلىشى

[36] پەرىسىيلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن ئۆيۈمدە مېھمان بولسىڭىز
دەپ ئۆتۈندى. ئەمدى ئۇ پەرىسىينىڭ ئۆيىگە كىرىپ داستىخاندا

---

**چۆمۈلدۈرۈلگەنىدى»** ــ «خۇدانىڭ يولىنى توغرا دەپ» گرېك تىلىدا «خۇدانى توغرا دەپ...» دېگەن ئىبارىنى بىلدۈرىدۇ.

**31:7** مات. 16:11.

33:7 **«چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا كېلىپ زىياپەتتە ئولتۇرمايتتى، شاراب ئىچمەيتتى»** ــ گرېك تىلىدا «چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا كېلىپ نە نان يېمەيدۇ نە ئىچمەيدۇ». ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، يەھيا پەيغەمبەر ئىنتايىن غورىگىل ئوزۇقلىناتتى، پات-پات روزا تۇتاتتى. «مات.» 4:3نى كۆرۈڭ.

**33:7** مات. 4:3؛ مار. 6:1.

35:7 **«دانالىق بولسا ئۆزىنىڭ بارلىق پەرزەنتلىرى ئارقىلىق دۇرۇس دەپ تونۇلىدۇ»** ــ ياكى «دانالىق بولسا ئۆزىنىڭ بارلىق ئىش-مېۋىلىرى ئارقىلىق دۇرۇس دەپ تونۇلىدۇ». بۇ قىسقا ئايەت ئۇستىدە ۋە ئۇنىڭدىكى كۆپ مۇھىم پرىنسىپلار توغرىسىدا «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

ئولتۇردى. [37]ۋە مانا، ئۇ شەھەردە بۇزۇق دەپ تونۇلغان بىر ئايال
ئەيسانىڭ بۇ پەرىسىينىڭ ئۆيىدە داستىخاندا ئولتۇرغانلىقىنى
ئاڭلاپ، ئاق قاشتېشىدىن ياسالغان بىر قۇتىدا مۇرمەككى ئېلىپ
كەلدى. [38]ئۇ يىغلىغان پېتى ئۇنىڭ كەينىدە، پۇتىغا يېقىن تۇرۇپ،
كۆز ياشلىرى قىلىپ، پۇتلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى؛ ئاندىن چاچلىرى
بىلەن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئېرتىپ قۇرۇتتى ھەم پۇتلىرىنى توختىماي
سۆيۈپ، ئۇستىگە ئەتىر سۇردى. [39]ئەمدى ئۇنى چاقىرغان پەرىسىي
بۇ ئىشنى كۆرۈپ، ئىچىدە: «بۇ ئادەم راست پەيغەمبەر بولغان بولسا،
ئۆزىگە تېگىۋاتقان بۇ ئايالنىڭ كىم ۋە قانداق ئىكەنلىكىنى
بىلەتتى. چۈنكى ئۇ بىر بۇزۇق!» دەپ ئويلىدى.
[40]شۇنىڭ بىلەن ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:
سىمون، ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار، ــ دېدى.
ئېيتىڭ، ئۇستاز، ــ دېدى سىمون.
[41]ــ ئىككى ئادەم مەلۇم بىر قەرز ئىگىسىگە قەرزدار ئىكەن. بىرى
بەش يۈز كۈمۈش دىنارغا، يەنە بىرى بولسا ئەللىك كۈمۈش دىنارغا
قەرزدار ئىكەن. [42]لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ قەرزنى قايتۇرغىلى
ھېچنەرسىسى بولمىغاچقا، قەرز ئىگىسى مېھرىبانلىق قىلىپ
ھەر ئىككىسىنىڭ قەرزىنى كەچۈرۈم قىپتۇ. سېنىڭچە، ئۇلارنىڭ
قايسىسى ئۇنى بەكرەك سۆيىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئەيسا.
[43]سىمون جاۋابەن: ــ مېنىڭچە، قەرزى كۆپرەك كەچۈرۈم قىلىنغان
كىشى، ــ دېدى.

---

36:7 **«... داستىخاندا ئولتۇردى»** ــ گرېك تىلىدا «داستىخاندا ياتتى». يەھۇدىيلار ۋە گرېكلەر ئادەتتە داستىخاندا يانپاشلاپ ياتاتتى.

**36:7** مات. 6:26؛ مار. 3:14؛ يۇھ. 2:11؛ 2:12.

37:7 **«مۇرمەككى»** ــ بۇ خىل ئەتىر. ئۇ ئادەتتە ئىنتايىن قىممەت ئىدى (مەسىلەن، «مات.» 7:26نى كۆرۈڭ).

41:7 **«كۈمۈش دىنار»** ــ رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پۇل بىرلىكى، تەخمىنەن بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى بولاتتى.

توغرا ھۆكۈم قىلدىڭ، ــ دېدى ئەيسا. [44] ئاندىن ھېلىقى ئايالغا
بۇرۇلۇپ، سىمونغا:
بۇ ئايالنى كۆردۈڭمۇ؟ مەن ئۆيۈڭگە كىرگىنىم بىلەن، سەن
پۇتلىرىمنى يۇيۇشقا سۇ بەرمىگەنىدىڭ؛ لېكىن ئۇ كۆز يېشى بىلەن
پۇتلىرىمنى يۇدى ۋە چېچى بىلەن ئېرتىپ قۇرۇتتى. [45] سەن مېنى سالام
بېرىپ سۆيمىدىڭ؛ لېكىن ئۇ مەن كىرگەندىن تارتىپ پۇتلىرىمنى
سۆيۈشتىن توختىمىدى. [46] سەن بېشىمغىمۇ ماي سۈركىمىگەنىدىڭ؛
بىراق ئۇ مېنىڭ پۇتلىرىمغا مۇرمەككىنى سۈركەپ قويدى. [47] شۇڭا
شۇنى ساڭا ئېيتىپ قويايكى، ئۇنىڭ نۇرغۇن گۇناھلىرى كەچۈرۈم
قىلىندى. چۈنكى مانا، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتى
چوڭقۇر ئەمەسمۇ؟ ئەمما كەچۈرۈمى ئاز بولغانلارنىڭ مېھىر-
مۇھەببەتنى كۆرسىتىشىمۇ ئاز بولىدۇ، ــ دېدى.
[48] ئاندىن ئۇ ئايالغا:
گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى، ــ دېدى.
[49] ئۇلار بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇرغانلار كۆڭلىدە: «كىشىلەرنىڭ
گۇناھلىرىنىمۇ كەچۈرۈم قىلغۇچى بۇ ئادەم زادى كىمدۇ؟» دېيىشتى.
[50] ئەيسا ھېلىقى ئايالغا:
ئېتىقادىڭ سېنى قۇتقۇزدى؛ ئامان-خاتىرجەملىك بىلەن قايتقىن! ــ
دېدى.

---

**46:7 «سەن بېشىمغىمۇ ماي سۈركىمىگەنىدىڭ»** ــ شۇ دەۋردە كىشىلەر ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن مېھماننىڭ بېشىغا ئەتىرلىك ماينى سۈركەپ قوياتتى.

**47:7 «چۈنكى مانا، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتى چوڭقۇر ئەمەسمۇ؟»** ــ بۇ ئايالنىڭ مۇھەببىتى خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ئۇنىڭ **ئاللىقاچان خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشكەنلىكى تۈپەيلىدىن** بولدى ۋە شۇنداقلا بۇنىڭغا ئىسپات كۆرسەتتى.

**48:7** مات. 2:9.

**49:7** مات. 3:9.

**50:7 «ئېتىقادىڭ سېنى قۇتقۇزدى»** ــ «ئېتىقادىڭ» مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، ئەيسا بۇ سۆز بىلەن ئايالنىڭ ئۆزىگە باغلىغان ئىشەنچىنى، يەنى ئۇنىڭ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلالايدىغان مەسىھ

## ئەيساغا ئەگەشكەن ئاياللار

مات. 17-1:13؛ مار. 12-1:4

8 [1]كېيىن، ئەيسا شۇ يۇرتلارنى كېزىپ، شەھەرمۇ-شەھەر، يېزىمۇ-
يېزا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئېلان قىلىپ
جاكارلىدى؛ ئون ئىككىيلەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە باردى. [2]ئۇنىڭ
بىلەن بىللە بارغانلاردىن يەنە يامان روھلاردىن ۋە ئاغرىق-سىلاقلاردىن
ساقايتىلغان بەزى ئاياللارمۇ بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىدىن
يەتتە جىن ھەيدەپ چىقىرىلغان مەريەم (ماگداللىق دەپ ئاتالغان)،
[3]ھېرود خاننىڭ سارايي غوجىدارى خۇزانىڭ ئايالى يوئاننا، سۇزاننا ۋە
باشقا نۇرغۇن ئاياللارمۇ بار ئىدى. بۇلار ئۆز مال-مۈلۈكلىرى بىلەن ئۇ
ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقاتتى.

## ئۇرۇق چاچقۇچى توغرىسىدىكى تەمسىل

[4]چوڭ بىر توپ ئادەملەر يىغىلغاندا، شۇنداقلا ھەرقايسى شەھەرلەردىن
كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ ئۇلارغا بىر تەمسىل سۆزلەپ
بەردى:
[5]— «ئۇرۇق چاچقۇچى ئۇرۇق چاچقىلى ئېتىزغا چىقىپتۇ. ئۇرۇق
چاچقاندا، ئۇرۇقلاردىن بەزىلىرى چىغىر يول ئۈستىگە چۈشۈپ،
دەسسىلىپ كېتىپتۇ ۋە ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار كېلىپ ئۇلارنى
يەپ كېتىپتۇ. [6]باشقا بەزىلىرى تاشلىق يەرگە چۈشۈپتۇ. يەردە
نەملىك بولمىغاچقا، ئۈنۈپ چىققىنى بىلەن قۇرۇپ كېتىپتۇ. [7]باشقا

---

ئىكەنلىكىگە باغلىغان ئىشەنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**2:8** مات. 55:27، 56.

**3:8** **«ئۇ ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ»** — بۇ ئىبارە گرېك تىلىدا بەزى كۆچۈرۈلمىلەردە «ئۇنىڭ» ياكى بەزى كۆچۈرۈلمىلەردە «ئۇلارنىڭ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ھېرود خاننىڭ سارايي غوجىدارى خۇزانىڭ ئايالى يوئاننا، سۇزاننا ۋە باشقا نۇرغۇن ئاياللارمۇ بار ئىدى... ئۇنىڭ ... ھاجەتلىرىدىن چىقاتتى»** — «كىرىش سۆز»ىمىزدە دېگىنىمىزدەك، لۇقا دائىم ئەيسانىڭ قىز-ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايقاپ يۈرىدۇ.

**4:8** مات. 3:13؛ مار. 2:4.

بەزىلىرى تىكەنلەرنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپتۇ، تىكەنلەر مايسىلار
بىلەن تەڭ ئۆسۈپ مايسىلارنى بوغۇۋاپتۇ. [8]باشقا بەزىلىرى بولسا
ياخشى تۇپراققا چۈشۈپتۇ. ئۈنگەندىن كېيىن، يۈز ھەسسە ھوسۇل
بېرىپتۇ». بۇلارنى دېگەندىن كېيىن ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:
ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن! دەپ توۋلىدى.
[9]كېيىن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭدىن: ــ بۇ تەمسىلنىڭ مەنىسى
نېمە؟ ــ دەپ سورىدى. [10]ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ سىرلىرىنى بىلىش سىلەرگە نېسىپ
قىلىندى. بىراق بۇ ئىشلار قالغان باشقىلارغا تەمسىللەر بىلەنلا
ئېيتىلىدۇ. مەقسىتى شۇكى، «ئۇلار قارىسىمۇ كۆرمەيدۇ، ئاڭلىسىمۇ
چۈشەنمەيدۇ».
[11]ئەمدى تەمسىلنىڭ مەنىسى مۇنداق: ــ ئۇرۇق بولسا، خۇدانىڭ
سۆز-كالامىدۇر. [12]چىغىر يول بويىدىكىلەر بولسا مۇشۇلار: ئۇلار
سۆز-كالامنى ئاڭلايدۇ؛ لېكىن ئىبلىس كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنىپ
قۇتقۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى
سۆزنى ئېلىپ كېتىدۇ. [13]تاشلىق يەرگە چۈشكەن ئۇرۇقلار سۆز-
كالامنى ئاڭلىغان ھامان خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغانلارغا
تەمسىل قىلىنغان. ئۇلاردا يىلتىز بولمىغاچقا، پەقەت بىر
مەھەل ئىشىنىپ، ئاندىن سىناق-مۇشكۈللۈك ۋاقتى كەلگەندە،

---

**9:8** مات. 10:13؛ مار. 10:4.

**10:8** «**خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ سىرلىرىنى بىلىش سىلەرگە نېسىپ قىلىندى**» ــ «سىرلار» ئىنجىلدا ئەسلىدە ئىنسانلارغا ئاشكارىلانمىغان، ھازىر مەسىھ ياكى روسۇللىرى ئارقىلىق ئايان قىلىنغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنجىلدىكى بەزى «سىرلار» ئىنتايىن سىرلىق، ئەلۋەتتە. «**ئۇلار قارىسىمۇ كۆرمەيدۇ، ئاڭلىسىمۇ چۈشەنمەيدۇ**» ــ بۇ سۆزلەر «يەش.» 9:6دىن ئېلىنغان.

**10:8** زەب. 4:25، 9، 14؛ 1:78-2؛ يەش. 9:6-10؛ ئەز. 2:12؛ مات. 25:11؛ 14:13؛ مار. 12:4؛ يۇھ. 40:12؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11؛ 2كور. 3:5 ، 14.

**11:8** مات. 18:13؛ مار. 13:4.

ئېتىقادتىن تېيىلىپ كېتىدۇ. [14] تىكەنلىككە چۈشكەن ئۇرۇقلار
بولسا شۇنداق ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇكى، سۆزنى ئاڭلىغان
بولسىمۇ، يولغا چىققاندىن كېيىن بۇ پانىي ھاياتتىكى
ئەندىشىلەر، بايلىقلار ۋە ھالاۋەتلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرى
بىلەن بوغۇلۇپ، ئۇرۇق پىشماي ھوسۇل بەرمەيدۇ. [15] لېكىن
ياخشى تۇپراققا چېچىلغان ئۇرۇقلار بولسا ــ سۆز-كالامنى
ئاڭلاپ، سەمىمىي ۋە ياخشى قەلبى بىلەن ئۇنى تۇتىدىغانلارنى
كۆرسىتىدۇ؛ بۇنداق ئادەملەر سەۋرچانلىق بىلەن ھوسۇل بېرىدۇ.

## ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىدۇ

مار. 25-21:4

[16] ھېچكىم چىراغنى يېقىپ قويۇپ ئۈستىگە ئىدىشنى كۆمتۈرۈپ
قويماس ياكى كارىۋات ئاستىغا تۇرغۇزماس، بەلكى چىراغداننىڭ
ئۈستىگە قويىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن ئۆيگە كىرگەنلەر يورۇقلۇقنى كۆرىد
ۇ. [17] چۈنكى يوشۇرۇلغان ھېچقانداق ئىش ئاشكارىلانماي قالمايدۇ، ۋە
ھېچقانداق مەخپىي ئىش ئايان بولماي، يورۇقلۇققا چىقماي قالمايدۇ.
[18] شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاڭلىشىڭلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە كۆڭۈل
قويۇڭلار! چۈنكى كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ
بېرىلىدۇ؛ ئەمما كىمدە يوق بولسا، ھەتتا بار دەپ ھېسابلىغىنىمۇ
ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.

---

**13:8** مات. 20:13؛ مار. 16:4.

**14:8** مات. 23:19؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18؛ 1تىم. 9:6.

**16:8** مات. 15:5؛ مار. 21:4؛ لۇقا 33:11.

**17:8** ئايۇپ 22:12؛ مات. 26:10؛ مار. 22:4؛ لۇقا 2:12.

18:8 **«چۈنكى كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ»** ــ «كىمدە بار بولسا...» ــ بۇ «بار بولسا» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئەبەدىي ئەھمىيەتلىك بىرەر نەرسە بولسا كېرەك، بۇ ئىمان-ئىشەنچنى ئۆز ئىچىگە چوقۇم ئالىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە «ئەبەدىي ئەھمىيەتلىك» ھەربىرنېمە بولۇشى ئۈچۈن پەقەت مەسىھتىنلا تاپالايمىز، ئەلۋەتتە.

**18:8** مات. 12:13؛ 29:25؛ مار. 25:4؛ لۇقا 26:19.

## ئەيسانىڭ ھەقىقىي ئائىلىسى

مات. 12:46-50؛ مار. 3:31-35

[19] ئەمدى ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئىنىلىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى
كەلدى. لېكىن ئادەم نۇرغۇن بولغاچقا، يېنىغا كېلەلمىگەنىدى.
[20] شۇنىڭ بىلەن بىرسى ئۇنىڭغا:
ئانىڭىز ۋە ئىنىلىرىڭىز سىز بىلەن كۆرۈشمىز دەپ، سىرتتا تۇرىدۇ،
ــ دېدى.
[21] لېكىن ئۇ جاۋابەن: ــ مېنىڭ ئانام ۋە ئاكا-ئۇكا قېرىنداشلىرىم
بولسا خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلاردۇر،
دېدى.

## ئەيسانىڭ بوراننى تىنچىتىشى

مات. 8:23-27؛ مار. 4:35-41

[22] ۋە شۇنداق بولدىكى، شۇ كۈنلەردىن بىرى، ئۇ مۇخلىسلىرى بىلەن
بىر كېمىگە چۈشۈپ، ئۇلارغا:
كۆلنىڭ ئۇ قېتىغا بارايلى، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولغا چىقتى.
[23] كېمە كېتىۋاتقاندا ئۇ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. كۆلگە تۇيۇقسىز قارا
بوران كېلىپ، كېمىگە سۇ توشۇپ كېتىپ، ئۇلار خەۋپتە قالدى.
[24] مۇخلىسلار كېلىپ ئۇنى ئويغىتىپ:
ئۇستاز، ئۇستاز، تۈگىشىدىغان بولدۇق! ــ دېدى.
لېكىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بورانغا ۋە داۋالغۇغان دولقۇنلارغا تەنبىھ
بەردى؛ ھەممىسى توختاپ، تىنچ بولدى. [25] ئۇ مۇخلىسلىرىغا قاراپ:
ئىشەنچىڭلار نەگە كەتتى؟ ــ دېدى.
ئۇلار ھەم قورقۇشۇپ، ھەم بەكمۇ ھەيران بولۇپ، بىر-بىرىگە:

---

**19:8** مات. 12:46؛ 13:55؛ مار. 3:31.

**21:8** يۇھ. 15:14؛ 2كور. 5:16.

**22:8** مات. 8:23؛ مار. 4:35، 36.

بۇ ئادەم زادى كىمدۇ، بۇيرۇق قىلسا، ھەتتا شاماللار ۋە دولقۇنلارمۇ
ئۇنىڭغا بويسۇنىدىكەن-ھە! ــ دەپ كېتىشتى.

## ئەيسانىڭ «قوشۇن» جىنلار چاپلاشقان ئادەمنى ئازاد قىلىشى

مات. 8:28-34؛ مار. 5:1-20

[26] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گالىلىيەنىڭ ئۇدۇلىدىكى گېراسالىقلارنىڭ
يۇرتىغا يېتىپ باردى. [27] ئۇ قىرغاققا چىقىشى بىلەنلا، ئۇزۇندىن بېرى
جىنلار چاپلاشقان، شەھەردىن كەلگەن مەلۇم ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا
كەلدى. بۇ ئادەم كىيىم كىيمەي، ھېچ ئۆيدە تۇرماي، گۆرلەر ئارىسىدا
ياشايتتى. [28] لېكىن ئۇ ئەيسانى كۆرۈپلا ۋارقىراپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا
يىقىلىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن:
ھەممىدىن ئالىي خۇدانىڭ ئوغلى ئەيسا، سېنىڭ مەن بىلەن نېمە
كارىڭ! سەندىن ئۆتۈنىمەنكى، مېنى قىينىما! ــ دەپ تووۋلاپ كەتتى.
[29] چۈنكى ئەيسا ناپاك روھنىڭ ئۇنىڭدىن چىقىشىنى بۇيرۇۋاتاتتى
(چۈنكى جىن نۇرغۇن قېتىم ئۇنى تۇتۇۋالغانىدى؛ ئۇ چاغلاردا
كىشىلەر ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى كىشەن-زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ
ئۇنى قاماپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ زەنجىرلەرنى ئۈزۈپ قېچىپ چىققان
ۋە جىن تەرىپىدىن چۆل-باياۋانلارغا ھەيدىۋېتىلگەنىدى).
[30] ئەيسا بۇ ئادەمدىن:
ئىسمىڭ نېمە؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئۇ: ــ ئىسمىم «قوشۇن»، ــ دېدى.
چۈنكى نۇرغۇن جىنلار ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ چاپلىشىۋالغانىدى.
[31] ئەمدى ئۇلار ئەيسادىن ئۆزلىرىنى تېگى يوق ھاڭغا كەتكۈزمەسلىكىنى
ئۆتۈنۈپ يالۋۇردى.

---

**25:8** ئايۇپ 12:26؛ زەب. 25:107.

**26:8 «گېراسالىقلار»** ــ «مات.» 8:28دە ئۇلار «گادارالىقلار»مۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

**26:8** مات. 8:28؛ مار. 5:1.

**27:8 «گۆرلەر ئارىسىدا»** ــ ياكى «گۆرلەر ئىچىدە». پەلەستىندە كۆپ گۆرلەر ئۆڭكۈرلەردىن
ياسىلىدۇ.

[32] شۇ يەردە تاغ باغرىدا چوڭ بىر توپ توڭگۇز پادىسى ئوزۇقلىنىۋاتاتتى.
جىنلار ئەيساغا يالۋۇرۇپ، توڭگۇزلارنىڭ تېنىگە كىرىشكە ئىجازەت
بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئۇ ئۇلارغا ئىجازەت بەردى. [33] جىنلار شۇ ئادەمدىن
چىقىپ، توڭگۇزلارنىڭ تېنىگە كىرىۋالدى؛ شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل
توڭگۇز پادىسى تىك ياردىن ئېتىلىپ چۈشۈپ، كۆلگە غەرق بولدى.
[34] توڭگۇزلارنى باققۇچىلار مۇبۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ئۇ يەردىن قېچىپ، شەھەر-
يېزىلاردا بۇ خەۋەرنى تارقاتتى. [35] خالايىق زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى
كۆرگىلى چىقتى؛ ئەيسانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، شۇ يەردە ئۆزىدىن
جىنلار چىققان ھېلىقى ئادەمنىڭ كىيىم-كېچەكنى كىيىپ، ئەس-
ھوشى جايىدا ھالدا ئەيسانىڭ ئايىغى ئالدىدا ئولتۇرغىنىنى كۆردى؛
ئۇلار قورقۇپ كېتىشتى. [36] بۇ ۋەقەنى كۆرگەنلەرمۇ جىنلار چاپلاشقان
ئادەمنىڭ قانداق ساقايتىلغىنىنى كۆپچىلىككە تەسۋىرلەپ بەردى.
[37] ئاندىن گېراسالىقلارنىڭ يۇرتىدىكىلەر ۋە ئەتراپىدىكى بارلىق
كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كېتىشىنى ئۆتۈنۈشتى. چۈنكى
دەھشەتلىك قورقۇنچ ئۇلارنى باسقانىدى. شۇڭا ئۇ كېمىگە چۈشۈپ،
قايتىشقا يول ئالدى. [38] ئەمما جىنلار ئۆزىدىن چىقىپ كەتكەن ھېلىقى
ئادەم ئۇنىڭغا، مەن سەن بىلەن بىللە كېتەي، ــ دەپ يالۋۇردى.
لېكىن ئۇ ئۇنى يولغا سېلىپ:
[39] ــ ئۆيۈڭگە قايتىپ بېرىپ، خۇدانىڭ ساڭا شۇنچە چوڭ ئىشلارنى
قىلىپ بەرگەنلىكىنى يەتكۈزگىن، ــ دېدى.
ئۇ ئادەم قايتىپ بېرىپ، پۈتكۈل شەھەرنى ئارىلاپ، ئەيسانىڭ ئۆزىگە
شۇنچە چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

---

37:8 **«گېراسالىقلار»** ــ ياكى «گادارىيلىقلار» ياكى «گېرگەسەنلىكلەر».

**37:8** روس. 39:16.

**38:8** مار. 18:5.

## تىرىلدۈرۈلگەن قىز، ساقايتىلغان ئايال

مات. 9:18-26؛ مار. 5:21-43

[40] ئەيسا قايتىپ كەلگىنىدە، شۇنداق بولدىكى، خالايىق ئۇنى
خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىشتى؛ چۈنكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ قايتىپ
كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. [41] ۋە مانا، بىر كىشى، سىناگوگنىڭ چوڭى
بولغان يائىرۇس ئىسىملىك كىشىمۇ ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ
ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشىنى ئۆتۈندى. [42] چۈنكى
ئۇنىڭ ئون ئىككى ياشلىق يالغۇز قىزى سەكراتتا ئىدى.
ئەيسا ئۇ يەرگە بارغىنىدا، توپ-توپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا زىچ
ئولىشىپ ئۇنى قىستىشاتتى. [43] ئارىسىدا خۇن تەۋرەش كېسىلىگە
گىرىپتار بولغىنىغا ئون ئىككى يىل بولغان بىر ئايال بار ئىدى؛ ئۇ بار-
يوقىنى تېۋىپلارغا خەجلەپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، ھېچقايسىسىدىن
شىپا تاپمىغانىكەن. [44] ئۇ ئەيسانىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ
تونىنىڭ پېشىنى سىلىۋىدى، شۇئان خۇن توختىدى.
[45] ئەيسا: ــ ماڭا قول تەگكۈزگەن كىم؟ ــ دەپ سورىدى.
ھەممەيلەن ئىنكار قىلغاندا، پېترۇسمۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن
بولغانلارمۇ:
ئۇستاز، خالايىق توپ-توپ بولۇپ تۆت ئەتراپىڭنى ئولىشىپ،
سېنى قىستىشىۋاتقان يەردە، سەن «ماڭا تەگكەن كىم؟»، دەپ
سورايسەنغۇ؟ ــ دېدى.
[46] لېكىن ئەيسا:
ياق! بىرسى ماڭا تەگدى؛ چۈنكى ۋۇجۇدۇمدىن قۇدرەتنىڭ چىقىپ
كېتىۋاتقىنىنى سەزدىم، ــ دېدى.
[47] ھېلىقى ئايال ئۆزىنىڭ يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ،
تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلدى ۋە كۆپچىلىك ئالدىدا

---

**40:8** **«ئەيسا قايتىپ كەلگىنىدە»** ــ بەلكىم كۆلنىڭ ئۇدۇلىدىكى قاشقا قايتقاندا.

**41:8** مات. 9:18؛ مار. 5:22.

**43:8** لاۋ. 15:25؛ مات. 9:20؛ مار. 5:25.

ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئەيساغا قول تەگكۈزگەنلىكىنى، شۇنداقلا
شۇئان قانداق ساقايغانلىقىنى ئېيتتى.
[48] ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ يۈرەكلىك بول، قىزىم، ئىشەنچىڭ سېنى
ساقايتتى! ئامان-خاتىرجەملىك بىلەن ماڭغىن! ــ دېدى.
[49] ئۇ سۆز قىلىۋاتقاندا، سىناگوگ چوڭىنىڭ ئۆيىدىن چىققان بىرەيلەن
كېلىپ سىناگوگ چوڭىغا:
قىزىڭىز جان ئۈزدى. ئەمدى ئۇستازنى كايىتمىغىن، ــ دېدى.
[50] لېكىن ئەيسا بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا:
قورقمىغىن! پەقەت ئىشەنچتە بول، ئۇ ساقىيىپ كېتىدۇ، ــ دېدى.
[51] ئۇ ئۆيگە بارغاندا پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپ ۋە قىزنىڭ ئاتا-
ئانىسىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئۆيگە كىرىشىگە
رۇخسەت قىلمىدى. [52] ئۇ يەردىكىلەر ھەممىسى قىزغا ماتەم تۇتۇپ
يىغا-زار كۆتۈرۈۋاتاتتى. لېكىن ئۇ:
بولدى، يىغلىماڭلار! چۈنكى قىز ئۆلمىدى، پەقەت ئۇخلاپ قاپتۇ! ــ
دېدى.
[53] ئۇلار بولسا قىزنىڭ ئاللىقاچان جان ئۈزدى دەپ بىلگەچكە، ئۇنى
مەسخىرە قىلدى. [54] لېكىن ئۇ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىپ، قىزنىڭ قولىدىن
تارتىپ:
بالام، ئورنۇڭدىن تۇر، ــ دەپ چاقىردى. [55] قىزنىڭ روھى قايتىپ كېلىپ،
ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قىزغا يېگۈدەك بىرنېمە بېرىشنى
ئېيتتى. [56] قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئىنتايىن ھەيران قېلىشتى. لېكىن
ئۇ ئۇلارغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلىدى.

---

**48:8 «يۈرەكلىك بول، قىزىم، ئىشەنچىڭ سېنى ساقايتتى!»** ــ بۇ ئايال نېمىشقا شۇنداق قورقتى؟ «مات.» 22:9دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**49:8** مار. 35:5.

**52:8** يۇھ. 11:11.

## ئەيسانىڭ ئون ئىككى روسۇلنى ئەۋەتىشى

مات. 15-5:10؛ مار. 13-7:6

9 [1]ئەيسا ئون ئىككىيلەننى چاقىرىپ، ئۇلارغا بارلىق جىنلارنى
ھەيدىۋېتىش ۋە كېسەللەرنى ساقايتىشقا قۇدرەت ۋە ھوقۇق
بەردى. [2]ئاندىن ئۇلارنى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى جار قىلىش ۋە
كېسەللەرنى ساقايتىشقا ئەۋەتتى. [3]ئۇ ئۇلارغا:
سىلەر سەپەر ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئالماڭلار، نە ھاسا، نە خۇرجۇن، نە
نان، نە پۇل ئېلىۋالماڭلار؛ بىرەر ئارتۇق يەكتەكمۇ ئېلىۋالماڭلار. [4]ۋە
قايسى ئۆيگە قوبۇل قىلىنىپ كىرسەڭلار، ئۇ يۇرتتىن كەتكۈچە شۇ
ئۆيدە تۇرۇڭلار. [5]ئەمدى قايسى يەردىكى كىشىلەر سىلەرنى قوبۇل
قىلمىسا، ئۇ شەھەردىن چىققىنىڭلاردا ئۇلارغا ئاگاھ-گۇۋاھ بولسۇن
ئۈچۈن ئايىغىڭلاردىكى توپىنىمۇ قېقىۋېتىڭلار! ــ دېدى.
[6]مۇخلىسلار يولغا چىقىپ، يېزا-قىشلاقلارنى ئارىلاپ خۇش خەۋەرنى
ئېلان قىلىپ، ھەممە يەردە كېسەللەرنى ساقايتتى.
[7]ئەمدى ھىرود ھاكىم ئۇنىڭ بارلىق قىلغانلىرىدىن خەۋەر تېپىپ،
قايمۇقۇپ قالدى. چۈنكى بەزىلەر: «مانا يەھيا ئۆلۈمدىن تىرىلىپتۇ!»

---

**1:9** مات. 1:10؛ مار. 13:3؛ 7:6؛ لۇقا 13:6.

**2:9** مات. 7:10.

**3:9** **«خۇرجۇن»** ــ ياكى «تىلەمچىنىڭ خالتىسى».

**3:9** مات. 9:10؛ مار. 8:6؛ لۇقا 35:22.

**4:9** **«ئۇ يۇرتتىن كەتكۈچە شۇ ئۆيدە تۇرۇڭلار»** ــ ياكى «ئۇ يۇرتتىن كەتكۈچە شۇ ئۆيدە چىقىپ-كىرىپ تۇرۇڭلار». كونا زامانلاردا پەيلاسوپلار ۋە «تەلىم بەرگۈچىلەر» ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. ئەمما مەسىھ مۇخلىسلىرى شۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. يەنە 7:10 ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ.

**5:9** **«ئۇ شەھەردىن چىققىنىڭلاردا ئۇلارغا ئاگاھ-گۇۋاھ بولسۇن ئۈچۈن ئايىغىڭلاردىكى توپىنىمۇ قېقىۋېتىڭلار!»** ــ «ئاياغدىكى توپىنى قېقىۋېتىش» دېگەن ئىشارەت «بىزنىڭ سىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىمىز يوق» دېگەننى بىلدۈرۈپ، خۇدانىڭ سۆزىنى رەت قىلغانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى.

**5:9** مات. 14:10؛ مار. 11:6؛ لۇقا 11:10؛ روس. 51:13؛ 6:18.

دېسە، [8]يەنە بەزىلەر: «ئىلياس پەيغەمبەر قايتا پەيدا بولدى» ۋە يەنە
باشقىلار: «قەدىمكى پەيغەمبەرلەردىن بىرى قايتىدىن تىرىلىپتۇ!»
دەيتتى.
[9]ھېرود: «مەن يەھيانىڭ كاللىسىنى ئالدۇرغانىدىم، ئەمدى مەن
مۇشۇ گېپىنى ئاڭلاۋاتقان زات زادى كىمدۇ؟» ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئۇنى كۆرۈش پۇرسىتىنى ئىزدىدى.

## بەش مىڭ كىشىنى تويدۇرۇش

مات. 21-13:14؛ مار. 44-30:6؛ يۇھ. 14-1:6

[10]روسۇللار بولسا قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ
ھەممىسىنى ئەيساغا مەلۇم قىلدى. ئۇ ئۇلارنى ئېلىپ، خۇپىيانە
ھالدا بەيت-سائىدا دېگەن شەھەردىكى خىلۇەت بىر يەرگە كەلدى.
[11]بىراق خالايىق بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلدى.
ئۇ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، ئۇلارغا خۇدانىڭ پادىشاھلىقى توغرىسىدا
سۆزلىدى ۋە شىپاغا موھتاجلارنى ساقايتتى. [12]كۈن ئولتۇراي دېگەندە،
ئون ئىككىيلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:
خالايىقنى يولغا سالساڭ، ئۇلار ئەتراپتىكى يېزا-قىشلاقلارغا ۋە
ئېتىزلارغا بېرىپ قونغۇدەك جايلار ۋە ئوزۇق-تۈلۈك تاپسۇن؛ چۈنكى
مۇشۇ يەر چۆللۈك ئىكەن، ــ دېدى.
[13]لېكىن ئۇ ئۇلارغا:
ئۇلارغا ئۆزۈڭلار ئوزۇق بېرىڭلار، ــ دېدى.
بىزدە پەقەت بەش نان بىلەن ئىككى بېلىقتىن باشقا نەرسە يوق. بۇ
بارلىق خەلقكە ئوزۇق-تۈلۈك سېتىۋېلىپ كېلەمدۇق؟! ــ دېيىشتى

---

7:9 **«ھېرود ھاكىم»** ــ مۇشۇ يەردە «ھاكىم» گرېك تىلىدىكى «تېترارق»نى بىلدۈرىدۇ. 1:3دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**7:9** مات. 1:14؛ مار. 14:6.

**10:9** مات. 13:14؛ مار. 30:6، 31، 32.

**12:9** مات. 15:14؛ مار. 35:6؛ يۇھ. 5:6.

ئۇلار. [14] چۈنكى شۇ يەردە يىغىلغان ئەرلەرنىڭلا سانى بەش مىڭچە ئىدى.
ئۇ مۇخلىسلارغا:
خالايىقنى ئەللىكتىن-ئەللىكتىن بۆلۈپ ئولتۇرغۇزۇڭلار، ــ دېدى.
[15] ئۇلار ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلىپ ھەممەيلەننى ئولتۇرغۇزدى. [16] ئەيسا
بەش نان بىلەن ئىككى بېلىقنى قولىغا ئېلىپ، ئاسمانغا قاراپ
خۇداغا تەشەككۇر ئېيتىپ بۇلارنى بەرىكەتلىدى. ئاندىن ئۇلارنى
ئوشتۇپ، خالايىققا سۇنۇپ بېرىش ئۈچۈن مۇخلىسلىرىغا بەرد
ى. [17] ھەممەيلەن يەپ تويۇندى. ئاندىن شۇلاردىن ئېشىپ قالغان
پارچىلىرىنى ئون ئىككى سېۋەتكە يىغىپ قاچىلىدى.

## پېترۇسنىڭ ئەيسانى «مەسىھ» دەپ تونۇشى

مات. 16:13-19؛ مار. 8:27-29

[18] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئۆزى يالغۇز دۇئا قىلىۋاتقاندا، مۇخلىسلىرى
يېنىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇلاردىن:
خالايىق مېنى كىم دەيدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
[19] ئۇلار جاۋابەن: ــ بەزىلەر سېنى چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا، بەزىلەر
ئىلياس پەيغەمبەر، ۋە يەنە بەزىلەر قەدىمكى پەيغەمبەرلەردىن بىرى
تىرىلىپتۇ دەيدۇ، ــ دېدى. [20] ئۇ ئۇلاردىن:
سىلەرچۇ؟ سىلەر مېنى كىم دەپ بىلىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.
پېترۇس جاۋاب بېرىپ: ــ سەن خۇدانىڭ مەسىھدۇرسەن، ــ دېدى.

---

**13:9** مات. 16:14؛ مار. 6:37؛ يۇھ. 6:9.

**14:9 «ئەرلەرنىڭلا سانى بەش مىڭچە»** ــ بالا-چاقىلىرى ھېسابلانمىغان.

**16:9** 1سام. 9:13.

**17:9 «سېۋەت»** ــ گرېك تىلىدا «قول سېۋەت» ــ دېمەك، بىر ئادەم ئىككى قوللاپ كۆتۈرەلەيدىغان سېۋەتلەر.

**18:9** مات. 13:16؛ مار. 8:27.

**19:9** مات. 2:14.

**20:9 «سەن خۇدانىڭ مەسىھدۇرسەن»** ــ «مەسىھ» دېگەن سۆز توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. «خۇدانىڭ مەسىھى» دېمەك، خۇدا تەيىنلەپ ئەۋەتكەن مەسىھ.

[21] ئۇ ئۇلارغا قاتتىق جېكىلەپ، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماڭلار،
دەپ تاپىلىدى. [22] ــ چۈنكى ئىنسانئوغلىنىڭ نۇرغۇن ئازاب-
ئوقۇبەت تارتىشى، ئاقساقاللار، باش كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى
تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشى، ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن
تىرىلدۈرۈلۈشى مۇقەررەر، ــ دېدى.
[23] ئاندىن ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇنداق دېدى:
كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى نىيەت قىلسا، ئۆزىدىن كېچىپ، ھەر
كۈنى ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن! [24] چۈنكى
كىمدەكىم ئۆز ھاياتىنى قۇتقۇزىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۇنىڭدىن
مەھرۇم بولىدۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىن مەھرۇم بولغان
كىشى ھاياتىنى قۇتقۇزىدۇ. [25] چۈنكى بىر ئادەم پۈتۈن دۇنياغا ئىگە
بولۇپ، ئۆزىنى ھالاك قىلسا ياكى ئۆزىدىن مەھرۇم قالسا، بۇنىڭ
نېمە پايدىسى بولسۇن؟! [26] چۈنكى كىمدەكىم مەندىن ۋە مېنىڭ
سۆزلىرىمدىن نومۇس قىلسا، ئىنسانئوغلى ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى
ئىچىدە، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ۋە مۇقەددەس پەرىشتىلەرنىڭ شان-
شەرىپى ئىچىدە قايتىپ كەلگىنىدە ئۇنىڭدىنمۇ نومۇس قىلىدۇ.
[27] لېكىن مەن دەرھەقىقەت سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەردە
تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىشتىن بۇرۇن جەزمەن
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى كۆرىدىغانلار باردۇر.

---

**22:9** مات. 21:16؛ 22:17؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 31:18؛ 7:24.

23:9 **«كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى نىيەت قىلسا، ئۆزىدىن كېچىپ، ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن!»** ــ «مات.» 38:10نى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ.

**23:9** مات. 38:10؛ 24:16؛ مار. 34:8؛ لۇقا 27:14.

**24:9** مات. 39:10؛ 25:16؛ مار. 35:8؛ لۇقا 33:17؛ يۇھ. 25:12.

26:9 **«ئىنسانئوغلى ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى ئىچىدە... قايتىپ كەلگىنىدە...»** ــ «ئىنسانئوغلى» مەسىھنىڭ ئۆزى، ئەلۋەتتە. بۇ ئىبارە توغرۇلۇق «مات.» 20:8دىكى ئىزاھات ۋە «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**26:9** مات. 33:10؛ مار. 38:8؛ لۇقا 9:12؛ 2تىم. 12:2؛ 1يۇھ. 23:2.

**27:9** مات. 28:16؛ مار. 1:9.

## ئەيسانىڭ جۇلالىقتا كۆرۈنۈشى

مات. 17:1-8؛ مار. 9:2-8

28 بۇ سۆزلەردىن تەخمىنەن سەككىز كۈن كېيىن شۇنداق بولدىكى، ئۇ
پېترۇس، يۇھاننا ۋە ياقۇپنى ئېلىپ، دۇئا قىلىش ئۈچۈن بىر تاغقا
چىقتى. 29 ئۇ دۇئا قىلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قىياپىتى ئۆزگەردى
ۋە كىيىملىرى ئاپئاق بولۇپ چاقماقتەك چاقنىدى. 30 ۋە مانا، ئىككى
ئادەم پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىۋاتقانىدى؛ ئۇلار مۇسا
ۋە ئىلياس پەيغەمبەرلەر ئىدى. 31 ئۇلار پارلاق جۇلا ئىچىدە ئايان
بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يېرۇسالېمدا ئادا قىلىدىغان «دۇنيادىن ئۆتۈپ
كېتىش»ى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.
32 ئەمدى پېترۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى خېلى ئۇيقۇ باسقانىدى؛
لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى تولۇق ئېچىلغاندا ئۇلار ئۇنىڭ شان-
شەرىپىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغان ئىككى ئادەمنى كۆردى.
33 ۋە شۇنداق بولدىكى، بۇ ئىككىسى ئەيسادىن ئايرىلىۋاتقاندا،
پېترۇس ئۆزىنىڭ نېمىنى دەۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن ھالدا ئەيساغا:
ئۇستاز، بۇ يەردە بولغىنىمىز ئىنتايىن ياخشى بولدى! بىرىنى ساڭا،
بىرىنى مۇساغا، يەنە بىرىنى ئىلياسقا ئاتاپ بۇ يەرگە ئۈچ كەپە
ياسايلى، ــ دېدى.

---

**28:9** مات. 1:17؛ مار. 2:9.

31:9 **«... ئۇنىڭ بىلەن يېرۇسالېمدا ئادا قىلىدىغان «دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىش»ى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى»** ــ بۇ بابىاندا «دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىش» ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك سۆز، گرېك تىلىدا «ئېكسودۇس» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆز ئىسرائىل خەلقىنىڭ «مىسىردىن چىقىش»ىنى بىلدۈرگەنىدى. دېمەك، مۇسا پەيغەمبەر ئىسرائىل خەلقىنى مىسىرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزغانىدەك، ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ خەلقىنى گۇناھنىڭ ۋە شەيتاننىڭ قۇللۇقىدىن (ئۆز قۇربانلىقى ئارقىلىق) قۇتقۇزىدىغان بولىدۇ («1كور.» 10:1-11، ئىزاھاتلىرى ۋە «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ).

33:9 **«بىرىنى ساڭا، بىرىنى مۇساغا، يەنە بىرىنى ئىلياسقا ئاتاپ بۇ يەرگە ئۈچ كەپە ياسايلى»** ــ بۇ سۆز ۋە پۈتۈن ۋەقە توغرۇلۇق يەنە «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ

[34] لېكىن ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، بىر پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئۇلارنى قاپلىۋالدى؛ ئۇلار بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ قالغىنىدا قورقۇشۇپ كەتتى. [35] بۇلۇتتىن تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ:
بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇمدۇر. ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار! ـ دېدى.
[36] ئاۋاز ئاڭلانغاندىن كېيىن، قارىسا، ئەيسا ئۆزى يالغۇز قالغانىدى. ئۇلار سۈكۈت قىلىپ قېلىشتى ۋە شۇ كۈنلەردە ئۆزلىرى كۆرگەن ئىشلاردىن ھېچقايسىسىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى.

## ئۇنىڭ جىن چاپلاشقان بالىنى ساقايتىشى

مات. 14:17-18؛ مار. 14:9-27

[37] ئەتىسى، ئۇلار تاغدىن چۈشكەن ۋاقتىدا، زور بىر توپ كىشىلەر ئۇنى قارشى ئالدى. [38] مانا، توپنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن ۋارقىراپ:
ئۇستاز، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئوغلۇمغا ئىچىڭنى ئاغرىتىپ قاراپ قويغايسەن! چۈنكى ئۇ مېنىڭ بىرلا بالام ئىدى. [39] مانا، ئۇنى دائىم بىر روھ تۇتۇۋېلىپ، ئۇ ئۆزىچىلا ۋارقىراپ-جارقىراپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى؛ ئۇ ئۇنىڭ بەدىنىنى تارتىشتۇرۇپ، ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك كەلتۈرۈۋېتىدۇ. جىن ئۇنى دائىم دېگۈدەك قىيناپ، ئۇنىڭغا ھېچ ئارام بەرمەيدۇ. [40] مەن مۇخلىسلىرىڭىزدىن روھنى ھەيدىۋېتىشنى ئۆتۈنۈۋىدىم، بىراق ئۇلار ئۇنداق قىلالمىدى، ـ دېدى.
[41] ئەيسا جاۋابەن: ـ ئەي ئېتىقادسىز ۋە تەتۈر دەۋر، سىلەر بىلەن قاچانغىچە تۇرۇپ، سىلەرگە سەۋر قىلاي؟ ـ ئوغلۇڭنى ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن ـ دېدى.

---

35:9 **«بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇمدۇر...»** ــ ياكى «بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، مېنىڭ تاللىغىنىم...»
**35:9** قان. 19:18؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ روس. 22:3؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1.
**37:9** مات. 14:17؛ مار. 17:9.
39:9 **«مانا، ئۇنى دائىم بىر روھ تۇتۇۋېلىپ، ئۇ ئۆزىچىلا ۋارقىراپ-جارقىراپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى»** ــ «روھ» شۈبھىسىزكى يامان روھ، جىننى كۆرسىتىدۇ.

[42] بالا تېخى يولدا كېلىۋاتقاندا، جىن ئۇنى يىقىتىپ، پۈتۈن
بەدىنىنى تارتىشتۇردى. ئەيسا ناپاك روھقا تەنبىھ بېرىپ، بالىنى
ساقايتتى ۋە ئۇنى ئاتىسىغا قايتۇرۇپ بەردى. [43] ھەممەيلەن خۇدانىڭ
شەرەپلىك كۈچ-قۇدرىتىگە قىن-قىنىغا پاتماي تەئەججۇپلەندى.
ھەممىسى ئەيسانىڭ قىلغانلىرىغا ھەيران قېلىشىپ تۇرغاندا، ئۇ
مۇخلىسلىرىغا مۇنداق ئېيتتى:
[44] — بۇ سۆزلەرنى قۇلاقلىرىڭلارغا ئوبدان سىڭدۈرۈپ قويۇڭلار. چۈنكى
ئىنسانئوغلى پات ئارىدا ساتقۇنلۇقتىن ئىنسانلارنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ، — دېدى.
[45] بىراق ئۇلار بۇ سۆزنى چۈشىنەلمىدى. بۇنىڭ مەنىسى ئۇلار چۈشىنىپ
يەتمىسۇن ئۈچۈن ئۇلاردىن يوشۇرۇلغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن بۇ سۆز
توغرۇلۇق سوراشقىمۇ پېتىنالمىدى.

## خۇدانىڭ نەزىرىدە كىم ئەڭ ئۇلۇغ؟

مات. 18:1-5؛ مار. 9:33-37

[46] ئەمدى مۇخلىسلار ئارىسىدا ئۇلاردىن كىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ
بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق تالاش-تارتىش پەيدا بولدى. [47] ئەمما ئەيسا
ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئويلارنى كۆرۈپ يېتىپ، كىچىك بىر بالىنى
ئېلىپ يېنىدا تۇرغۇزۇپ، [48] ئۇلارغا:

---

**42:9 «جىن ئۇنى يىقىتىپ،...»** — ياكى «جىن ئۇنى يىرتىپ...».

**44:9** مات. 17:22؛ مار. 9:31.

**45:9 «بۇنىڭ مەنىسى ئۇلار چۈشىنىپ يەتمىسۇن ئۈچۈن ئۇلاردىن يوشۇرۇلغانىدى»** — كىم تەرىپىدىن يوشۇرۇلغانلىقى ئېيتىلمايدۇ. شەيتان تەرىپىدىنمۇ، ياكى خۇدا تەرىپىدىنمۇ؟ ياكى پەقەت ئۆز گاللىقى تەرىپىدىنمۇ؟ بىزنىڭچە شەيتان بۇ ئىشنى قىلغۇچى ئىدى؛ چۈنكى مەسىھ ئۆزىنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن ئۆلۈپ پىدا بولۇشىنى مۇخلىسلارنىڭ چۈشىنىشىنى خالايتتى (44-ئايەتتە).

**45:9** لۇقا 2:50؛ 18:34.

**46:9** مات. 18:1؛ مار. 9:33؛ لۇقا 22:24.

كىم مېنىڭ نامىمدا بۇ كىچىك بالىنى قوبۇل قىلسا، مېنى قوبۇل
قىلغان بولىدۇ ۋە كىم مېنى قوبۇل قىلسا، مېنى ئەۋەتكۈچىنى
قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ئاراڭلاردا ئۆزىنى ئەڭ تۆۋەن تۇتقىنى بولسا
ئۇلۇغ بولىدۇ، ــ دېدى.

## قارشى تۇرماسلىقنىڭ ئۆزى قوللىغانلىقتۇر

مار. 38:9-40

49 يۇھاننا جاۋابەن ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، سېنىڭ نامىڭ بىلەن جىنلارنى ھەيدەۋاتقان بىرسىنى كۆردۇق.
لېكىن ئۇ بىز بىلەن بىرگە ساڭا ئەگەشمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن،
ئۇنى توستۇق، ــ دېدى.
50 لېكىن ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ ئۇنى توسماڭلار. چۈنكى كىم سىلەرگە
قارشى تۇرمىسا سىلەرنى قوللىغانلاردىندۇر، ــ دېدى.

## ئەيسانى قارشى ئالمىغان يېزا

51 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ كېتىلىدىغان
كۈنلىرىنىڭ توشۇشىغا ئاز قالغاندا، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن يۈزىنى
يېرۇسالېمغا بېرىشقا قاراتتى. 52 شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالدىن ئەلچىلەرنى
ئەۋەتتى. ئۇلار يولغا چىقىپ، ئۇنىڭ كېلىشىگە تەييارلىق قىلىش
ئۈچۈن سامارىيە ئۆلكىسىدىكى بىر يېزىغا كىردى. 53 بىراق ئۇ يۈزىنى
يېرۇسالېمغا قاراتقانلىقى تۈپەيلىدىن يېزىدىكىلەر ئەيسانى قوبۇل

---

**48:9** مات. 5:18؛ 11:23؛ مار. 37:9؛ لۇقا 16:10؛ 11:14؛ 14:18؛ يۇھ. 20:13.

**49:9** مار. 38:9.

**50:9** مات. 30:12؛ لۇقا 23:11.

51:9 **«ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ كېتىلىدىغان كۈنلىرىنىڭ توشۇشىغا ئاز قالغاندا، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن يۈزىنى يېرۇسالېمغا بېرىشقا قاراتتى»** ــ بۇ ئايەتتە مەسىھ ئەيسانىڭ «يېرۇسالېمغا بارىدىغان سەپەر»ى باشلىنىدۇ؛ سەپەرنىڭ «ئاخىرقى نۇقتا»سى بەلكىم 48:19دە تېپىلىدۇ.

**51:9** مار. 19:16؛ روس. 2:1؛ 1تىم. 16:3.

قىلمىدى. [54] ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىدىن ياقۇپ بىلەن يۇھاننا بۇ ئىشنى
كۆرۈپ:
ئى رەب، ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىش ئۈچۈن ئىلياس پەيغەمبەردەك
ئاسماندىن ئوت يېغىشىنى چىقىرىشىمىزنى خالامسەن؟ ــ دېدى.
[55] لېكىن ئۇ بۇرۇلۇپ ئۇلارنى ئەيىبلەپ: «سىلەر قانداق روھتىن
بولغانلىقىڭلارنى بىلمەيدىكەنسىلەر» ــ دېدى. [56] ئاندىن ئۇلار باشقا
بىر يېزىغا ئۆتۈپ كەتتى.

## ئەيساغا ئەگىشىشنىڭ بەدىلى

مات. 8:19-22

[57] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا، بىرسى ئۇنىڭغا:
ئى رەب، سەن قەيەرگە بارما، مەن ساڭا ئەگىشىپ ماڭىمەن، ــ دېدى.
[58] ئەيسا ئۇنىڭغا:
تۈلكىلەرنىڭ ئۆڭكۈرلىرى، ئاسماندىكى قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرى بار.
بىراق ئىنسانئوغلىنىڭ بېشىنى قويغۇدەك يېرىمۇ يوق، ــ دېدى.
[59] ئۇ يەنە باشقا بىرسىگە:
ماڭا ئەگەشكىن! ــ دېدى.

---

**53:9 «بىراق ئۇ يۈزىنى يېرۇسالېمغا قاراتقانلىقى تۈپەيلىدىن يېزىدىكىلەر ئەيسانى قوبۇل قىلمىدى»** ــ سامارىيەلىكلەر ئادەتتە ئادەملەرنىڭ يېرۇسالېمغا بېرىپ شۇ يەردە ئىبادەت قىلىشىنى ئۆچ كۆرەتتى؛ چۈنكى ئۇلار: «بىزنىڭ سامارىيەمىزدە ھەقىقىي ئىبادەتخانا باردۇر» ــ دەيتتى.

**53:9** يۇھ. 4:9.

**54:9 «ئى رەب، ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىش ئۈچۈن ئىلياس پەيغەمبەردەك ئاسماندىن ئوت يېغىشىنى چىقىرىشىمىزنى خالامسەن؟»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «ئىلياس پەيغەمبەردەك» دېگەن سۆزلەر تېپىلمايدۇ.

**55:9 «لېكىن ئۇ بۇرۇلۇپ ئۇلارنى ئەيىبلەپ: «سىلەر قانداق روھتىن بولغانلىقىڭلارنى بىلمەيدىكەنسىلەر» ــ دېدى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە پەقەت «لېكىن ئۇ بۇرۇلۇپ ئۇلارنى ئەيىبلىدى» دېيىلىدۇ.

**56:9** يۇھ. 3:17؛ 12:47.

**57:9** مات. 8:19.

**لېكىن ئۇ:**
**رەب، ئاۋۋال بېرىپ ئاتامنى يەرلىككە قويغىلى ئىجازەت بەرگەيسەن،**
**ــ دېدى.**
**60 لېكىن ئەيسا ئۇنىڭغا ــ ئۆلۈكلەر ئۆز ئۆلۈكلىرىنى كۆمسۇن! بىراق**
**سەن بولساڭ، بېرىپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى جاكارلىغىن، ــ دېدى.**
**61 يەنە بىرسى:**
**ئەي رەب، مەن ساڭا ئەگىشىمەن، لېكىن ئاۋۋال ئۆيۈمگە بېرىپ،**
**ئۆيدىكىلىرىم بىلەن خوشلىشىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسەن، ــ دېدى.**
**62 ــ كىم قولىدا قوشنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كەينىگە قارىسا، ئۇ**
**خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا لايىق ئەمەستۇر، ــ دېدى.**

---

59:9 **«رەب، ئاۋۋال بېرىپ ئاتامنى يەرلىككە قويغىلى ئىجازەت بەرگەيسەن»** ــ بۇ ئادەمنىڭ سۆزىدە ئۈچ ئىمكانىيەت بار: (1) ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلگەنىدى، بىراق تېخى يەرلىككە قويۇلمىغان؛ بىزنىڭچە بۇ شەرقتە مۇمكىن ئەمەس، ئادەم ئۆلگەندە دەرھال دەپنە قىلىش كېرەك؛ (2) شۇ دەۋردە يەھۇدىيەدە تۇرغانلار ئارىسىدا، ئۆلگۈچىلەرنى ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنە بىر دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدىغان ئۆرپ-ئادەت بار ئىدى (ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «يىللىق نەزىر»دەك). بۇ كىشى تېخى بۇ مۇراسىمنى ئۆتكۈزمىگەن؛ (3) ئۇنىڭ ئاتىسى تىرىك. ئۇنداقتا مەنىسى «ئاتام ئۆلۈپ ئۇنى يەرلىككە قويغۇچە كۈتۈپ، ئاندىن ساڭا ئەگىشەيچۇ!» دېگەندەك.
**59:9** مات. 21:8.

60:9 **«ئۆلۈكلەر ئۆز ئۆلۈكلىرىنى كۆمسۇن! بىراق سەن بولساڭ، بېرىپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى جاكارلىغىن»** ــ يۇقىرىقى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. مەيلى بۇ كىشى ئاتىسىنىڭ «يىللىق دەپنە»سىنى ئۆتكۈزمەكچى بولسۇن ياكى ئاتىسى تېخى تىرىك بولسۇن، رەبنىڭ بۇ جاۋابىدا «بۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس؛ سەن ئۆزۈڭ «روھىي تىرىك» ئادەم بولساڭلا دېگىنىمدەك قىل، روھىي ھاياتنى يەتكۈزىدىغان خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى جاكارلا؛ سەن ئېيتقان بۇ ئىش «روھىي ئۆلگەنلەر»نىڭ ئىشى، خالاس» دېگەن ئىچكى مەنە ئېنىق كۆرۈنىدۇ.
**60:9** مات. 22:8.

62:9 **«كىم قولىدا قوشنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كەينىگە قارىسا، ئۇ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا لايىق ئەمەستۇ»** ــ ئادەم قوش ھەيدىگەندە، كەينىگە قارىسا تۈز ھەيدىيەلمەيدۇ.
**62:9** پەند. 11:26؛ فىل. 14:3؛ ئىبر. 5:6؛ 2پېت. 20:2.

## ئەيسانىڭ يەتمىش مۇخلىسنى ئەۋەتىشى

10 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن، رەب مۇخلىسلاردىن يەنە يەتمىشنى
تەيىنلەپ، ئۆزى بارماقچى بولغان بارلىق شەھەر-يېزىلارغا
ئىككى-ئىككىدىن ئۆزىدىن بۇرۇن ئەۋەتتى. [2] ئۇ ئۇلارغا مۇنداق
تاپىلىدى:
يىغىلىدىغان ھوسۇل دەرۋەقە كۆپ، لېكىن ھوسۇلنى يىغقۇچى
ئىشلەمچىلەر ئاز ئىكەن. شۇڭا ھوسۇل ئىگىسىدىن كۆپرەك
ئىشلەمچىلەرنى ئۆز ھوسۇلۇڭنى يىغىشقا ئەۋەتكەيسەن، دەپ
تىلەڭلار. [3] مېڭىڭلار! مەن قوزىلارنى بۆرىلەرنىڭ ئارىسىغا
ئەۋەتكەندەك سىلەرنى ئەۋەتىمەن. [4] ھەميان، خۇرجۇن ۋە كەشلەر
ئالماڭلار؛ يولدا كىشىلەر بىلەن سالاملىشىشقا توختىماڭلار.
[5] قايسى ئۆيگە كىرسەڭلار، ئالدى بىلەن: «مۇشۇ ئۆيدىكىلەرگە
ئاراملىق بولغاي!» دەڭلار. [6] ئۇ ئۆيدە «ئاراملىق ئىگىسى» بولسا،

---

1:10 **«ئۆزى بارماقچى بولغان بارلىق شەھەر-يېزىلارغا ئىككى-ئىككىدىن ئۆزىدىن بۇرۇن ئەۋەتتى»** ــ «ئۆزىدىن بۇرۇن» گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ يۈزىدىن بۇرۇن».
–بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «يەتمىش ئىككى» دېيىلىدۇ. 99% كۆچۈرمىلەردە «يەتمىش» دېيىلىدۇ. بۇ سان تەۋراتتىكى بىرنەچچە «خاسىيەتلىك سانلار»غا ماس كېلىدۇ؛ مەسىلەن، ئىسرائىلنىڭ 12 قەبىلىسى بار ئىدى ۋە 70 ئاقساقالى بار ئىدى («چۆل» 11:11نى كۆرۈڭ). ئەستايىدىل ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتىكى باشقا يەرلەردىن مۇشۇ «12+70» دېگەن ئىككى ساننىڭ بىللە كەلگىنىنى كۆرىدۇ.

2:10 **«يىغىلىدىغان ھوسۇل دەرۋەقە كۆپ، لېكىن ھوسۇلنى يىغقۇچى ئىشلەمچىلەر ئاز ئىكەن»** ــ «ھوسۇل» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان كىشىلەرنى بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق ئادەملەر «ئورمىچىلار»غا، يەنى ئۆزلىرىگە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىلەرگە موھتاجدۇر. **«ھوسۇلنىڭ ئىگىسى»** ــ خۇدا، ئەلۋەتتە.

**2:10** مات. 37:9؛ يۇھ. 35:4؛ 2تېس. 1:3.

**3:10** مات. 16:10.

4:10 **«خۇرجۇن»** ــ ياكى «تىلەمچىنىڭ خالتىسى». **«يولدا كىشىلەر بىلەن سالاملىشىشقا توختىماڭلار»** ــ ئاشۇ دەۋردىكى يەھۇدىيلار ئارىسىدا سالاملىشىشقا ئادەتتە ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى.

**4:10** 2پاد. 29:4؛ مات. 9:10؛ مار. 8:6؛ لۇقا 3:9؛ 35:22.

**5:10** مات. 12:10؛ مار. 10:6.

**تىلىگەن ئاراملىقىڭلار شۇ ئۆيگە قونىدۇ؛ ئەگەر بولمىسا، ئۇ ئاراملىق
ئۆزۈڭلارغا يانىدۇ. [7] ئاندىن چۈشكەن ئۆيدە تۇرۇپ يۆتكەلمەڭلەر، شۇ
ئۆيدىكىلەرنىڭ بەرگىنىنى يەپ-ئىچىڭلار، چۈنكى ئىشلەمچى ئۆز
ئىش ھەققىنى ئېلىشقا ھەقلىقتۇر. ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يۆتكىلىپ
يۈرمەڭلار.**

**[8] سىلەر قايسى شەھەرگە كىرسەڭلار، ئۇلار سىلەرنى قوبۇل قىلسا،
ئۇلار ئالدىڭلارغا نېمە قويسا شۇنى يەڭلار. [9] ئۇ يەردىكى كېسەللەرنى
ساقايتىپ، ئۇلارغا: «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سىلەرگە يېقىنلاشتى!»
دەڭلار. [10] بىراق سىلەر قايسى شەھەرگە كىرسەڭلار، ئۇلار سىلەرنى
قوبۇل قىلمىسا، ئۇلارنىڭ رەستە-كوچىلىرىغا چىقىپ كۆپچىلىككە:
[11] «سىلەرگە ئاگاھ بولسۇن ئۈچۈن ھەتتا شەھىرىڭلارنىڭ ئايىغىمىزغا
چاپلاشقان توپىسىنىمۇ قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىمىز! ھالبۇكى، شۇنى
بىلىپ قويۇڭلاركى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سىلەرگە راستتىنلا**

---

6:10 **«ئۇ ئۆيدە «ئاراملىق ئىگىسى» بولسا...»** ــ «ئاراملىق ئىگىسى» گرېك تىلىدا «ئاراملىقنىڭ ئوغلى» دېيىلىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، ئامانلىقپەرۋەر بولۇپ، خۇدادىن كېلىدىغان ئامانلىقنى سۆيىدۇ، شۇنداقلا خۇش خەۋەرنى قارشى ئالىدۇ.

7:10 **«ئاندىن چۈشكەن ئۆيدە تۇرۇپ يۆتكەلمەڭلەر»** ــ دېمەك، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يۆتكىلىپ يۈرمەڭلار. **«ئىشلەمچى ئۆز ئىش ھەققىنى ئېلىشقا ھەقلىقتۇر»** ــ دېمەك، خۇش خەۋەرگە ئېرىشىپ، روھىي پايدا كۆرگەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ خۇش خەۋەرچىلەرگە جىسمانىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى تېگىشلىك ئىشتۇر. **«ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يۆتكىلىپ يۈرمەڭلار»** ــ بۇ ئەمردە چوڭ دانالىق بار. ئىككى سەۋەبتىن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن: ــ (1) كونا زامانلاردا كۆپ دىنىي ۋەز ئېيتقۇچىلار ئۆيمۇ-ئۆي يوقلاپ پۇل تىلەيتتى؛ لېكىن ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى ھېچ تىلەمچىلىك قىلماسلىقى كېرەك؛ (2) ئۇلار ئۆيمۇ-ئۆي كۆچۈپ يۈرسە، خەلقتە بىر-بىرىگە قاراپ ھەرتۈرلۈك ھەسەت-گۇمان پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ــ «نېمىشقا ئۇلار **بىزنىڭ** ئۆيدە قونمايدۇ؟» ياكى «نېمىشقا ئۇلار بىزنىڭ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىدۇ؟» دېگەندەك.

**7:10** لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ مات. 10:10؛ 1كور. 4:9، 14؛ 27:10؛ 1تىم. 18:5.

9:10 **«خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سىلەرگە يېقىنلاشتى!»** ــ مۇشۇ سۆز گرېك تىلىدا يەنە «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈستۈڭلارغا چۈشتى!» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 11-ئايەتنى ۋە 20:11نىمۇ كۆرۈڭ.

**10:10** مات. 14:10؛ مار. 11:6؛ لۇقا 5:9.

يېقىنلاشتى!» — دەڭلار. [12]مەن سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى،
شۇ كۈنى ھەتتا سودوم شەھىرىدىكىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى بۇ
شەھەردىكىلەرنىڭكىدىن يېنىك بولىدۇ.

## ئەيسانى رەت قىلغانلار

مات. 11:20-24

[13]ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي قورازىنلىقلار! ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي بەيت-
سائىدالىقلار! چۈنكى سىلەردە كۆرسىتىلگەن مۆجىزىلەر تۇر ۋە زىدون
شەھەرلىرىدە كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇ يەرلەردىكىلەر خېلى بۇرۇنلا
بۆزگە يۆگىنىپ، كۈلگە مىلىنىپ تۇۋا قىلغان بولاتتى. [14]قىيامەت
كۈنىدە تۇر ۋە زىدوندىكىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى سىلەرنىڭكىدىن
يېنىك بولىدۇ. [15]ئەي ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن كەپەرناھۇملۇقلار! سىلەر

---

11:10 «سىلەرگە ئاگاھ بولسۇن ئۈچۈن ھەتتا شەھىرىڭلارنىڭ ئايىغىمىزغا چاپلاشقان توپىسىنىمۇ قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىمىز!» — «ئاياغدىكى توپىنى قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىش» — مۇشۇ ئىشارەت «بىزنىڭ سىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىمىز يوق»، دېگەننى بىلدۈرۈپ، خۇدانىڭ سۆزىنى رەت قىلغانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سىلەرگە راستىنلا يېقىنلاشتى!» — 9-ئايەتتىكى ئىزاھاتتا ئېيتىلغاندەك، بۇ سۆزلەر گرېك تىلىدا يەنە «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈستۈڭلارغا چۈشتى!» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن، ۋە بەلكىم مۇشۇ يەردە دەل شۇ مەنىدىدۇر.

11:10 روس. 51:13؛ 6:18.

12:10 «شۇ كۈنى ھەتتا سودوم شەھىرىدىكىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى بۇ شەھەردىكىلەرنىڭكىدىن يېنىك بولىدۇ» — باشقا ئالاھىدە ۋاقىت كۆرسىتىلمىسە، «شۇ كۈنى» مۇقەددەس كىتابتا ھەردائىم قىيامەت كۈنىنى، يەنى مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىدىغان كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. «سودوم شەھىرى» — ئىبراھىم پەيغەمبەر زامانىدىكى شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئادەملىرى ئوخشاش جىنسلىقلار زىناخورلۇقىغا (بەچچىۋازلىققا) قاتتىق بېرىلىپ گۇناھقا پاتقانلىقتىن، خۇدا بۇ شەھەرلەرنى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ ئوت چۈشۈرۈپ يوقاتقان.

13:10 «تۇر ۋە زىدون شەھەرلىرى» — تۇر ۋە زىدون ئەسلى بۇتپەرەس يات ئەللەرنىڭ شەھەرلىرى ئىدى. مەسىلەن، «ئەز.» 26-29-بابنى كۆرۈڭ. «ئۇ يەرلەردىكىلەر خېلى بۇرۇنلا بۆزگە يۆگىنىپ، كۈلگە مىلىنىپ تۇۋا قىلغان بولاتتى» — «بۆزگە يۆگىنىپ، كۈلگە مىلىنىش» كونا زامانلاردا قاتتىق پۇشايمان قىلىش، گۇناھلارغا تۇۋا قىلىشنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى

تەھتىساراغا چۈشۈرۈلىسىلەر!
[16] ئۇ مۇخلىسلىرىغا يەنە:
كىمدەكىم سىلەرنى تىڭشىسا، مېنىمۇ تىڭشىغان بولىدۇ؛
كىمدەكىم سىلەرنى چەتكە قاقسا، مېنىمۇ چەتكە قاققان بولىدۇ؛
كىم مېنى چەتكە قاققان بولسا، مېنى ئەۋەتكۈچىنىمۇ چەتكە قاققان
بولىدۇ، ــ دېدى.

## يەتمىش مۇخلىسنىڭ قايتىپ كېلىشى

[17] يەتمىش مۇخلىس خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە قايتىپ كېلىپ:
ئى رەب! ھەتتا جىنلارمۇ سېنىڭ نامىڭ بىلەن بىزگە بويسۇنىدىكەن!
ــ دەپ مەلۇم قىلدى.
[18] ئۇ ئۇلارغا:
مەن شەيتاننىڭ ئاسماندىن چاقماقتەك چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى
كۆرگەنمەن. [19] مانا، مەن سىلەرگە يىلان-چايانلارنى دەسسەپ يانجىشقا
ۋە دۈشمەننىڭ بارلىق كۈچ-قۇدرىتىنى بېسىپ تاشلاشقا ھوقۇق
بەردىم. ھېچقاچان ھېچقانداق نەرسە سىلەرگە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ

15:10 **«ئەي ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن كەپەرناھۇملۇقلار!»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەي سىلەر كەپەرناھۇملۇقلار! ئاسمانغا چىقماقچىمىدىڭلار؟»». لېكىن بىزنىڭچە «ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن» دېگىنى توغرا بولۇپ، بۇ سۆز ئەيسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقتىن ئۇلارغا كۆرسىتىلگەن زور ئىمتىياز-ئىلتىپاتنى كۆرسىتىدۇ.
**16:10** مات. 40:10؛ مار. 37:9؛ يۇھ. 20:13.
17:10 **«ھەتتا جىنلارمۇ سېنىڭ نامىڭ بىلەن بىزگە بويسۇنىدىكەن!»** ــ ئۇلار ئادەملەرنى ئازاد قىلىپ چاپلاشقان جىنلارنى ھەيدىگەن.
18:10 **«مەن شەيتاننىڭ ئاسماندىن چاقماقتەك چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنمەن»** ــ گرېك تىلىدا «مەن شەيتاننىڭ ئاسماندىن چاقماقتەك چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋاتاتتىم» ــ يەتمىش مۇخلىس ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندا ئەيسا ئۇلارنىڭ جىن-شەيتانلارنىڭ ئۈستىدىن بولغان غەلىبىسىنى كۆرۈۋاتاتتى.
**18:10** ۋەھ. 8:12، 9.

. [20] لېكىن سىلەر روھلارنىڭ سىلەرگە بويسۇنغانلىقى تۈپەيلىدىن
شادلانماڭلار، بەلكى ناملىرىڭلارنىڭ ئەرشلەردە پۈتۈلگەنلىكى
تۈپەيلىدىن شادلىنىڭلار، ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ خۇشاللىقى

مات. 11:25-27؛ 13:16-17

[21] شۇ ۋاقىتتا، ئەيسا روھتا خۇشاللىنىپ مۇنداق دېدى:
«ئاسمان-زېمىن ئىگىسى ئى ئاتا! سەن بۇ ھەقىقەتلەرنى دانىشمەن
ۋە ئەقىللىقلاردىن يوشۇرۇپ، سەبىي باللارغا ئاشكارىلىغانلىقىڭ
ئۈچۈن سېنى مەدھىيىلەيمەن! بەرھەق، ئى ئاتا، نەزىرىڭدە بۇنداق
قىلىش راۋا ئىدى.
[22] ھەممە ماڭا ئاتامدىن تەقدىم قىلىندى؛ ئوغۇلنىڭ كىملىكىنى
ئاتىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ۋە ئاتىنىڭمۇ كىملىكىنى ئوغۇل
ۋە ئوغۇل ئاشكارىلاشنى لايىق كۆرگەن كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم
بىلمەيدۇ».
[23] ئاندىن ئۇ مۇخلىسلىرىغا بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ئاستىغىنا:

19:10 **«مەن سىلەرگە يىلان-چايانلارنى دەسسەپ يانجىشقا ۋە دۈشمەننىڭ بارلىق كۈچ-قۇدرىتىنى بېسىپ تاشلاشقا ھوقۇق بەردىم»** ــ مۇشۇ ئايەتتە «يىلان-چايانلار» بەلكىم شەيتاننىڭ كۈچلىرى، يەنى جىن-ئالۋاستىلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «دۈشمەن» بولسا شەيتاننىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

**19:10** مار. 16:18؛ روس. 28:5.

**20:10** مىس. 32:32؛ يەش. 4:3؛ دان. 12:1؛ فىل. 4:3.

21:10 **«شۇ ۋاقىتتا، ئەيسا روھتا خۇشاللىنىپ مۇنداق دېدى...»** ــ «روھتا خۇشاللىنىپ...» بەلكىم ئۆز روھىدا خۇشاللاندى. بەزى ئالىملار «روھتا»نى «مۇقەددەس روھتا» دەپ چۈشىنىدۇ

**21:10** ئايۇپ 5:12؛ يەش. 29:14؛ مات. 11:25؛ 1كور. 1:19؛ 2:7، 8؛ 2كور. 3:14.

**22:10** زەب. 8:5-6؛ يۇھ. 1:18؛ 3:35؛ 6:44، 45؛ 17:2؛ 1كور. 15:27؛ فىل. 2:10؛ ئىبر. 2:8.

سىلەر كۆرۈۋاتقان ئىشلارنى كۆرگەن كۆزلەر نەقەدەر بەختلىكتۇر!
[24] چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر
ۋە پادىشاھلار سىلەر كۆرگەن ئىشلارنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغىنى
بىلەن ئۇلارنى كۆرمىگەن؛ ۋە سىلەر ئاڭلاۋاتقان ئىشلارنى ئاڭلاشقا
ئىنتىزار بولغىنى بىلەن، ئۇلارنى ئاڭلاپ باقمىغان، ــ دېدى.

## مېھرىبان سامارىيەلىك توغرىسىدىكى تەمسىل

[25] ۋە مانا، تەۋرات ئۇستازلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەيسانى
سىنىماقچى بولۇپ:
ئۇستاز، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ۋارىس بولماق ئۈچۈن نېمە ئىشنى
قىلىشىم كېرەك؟ ــ دەپ سورىدى.
[26] ئۇ جاۋابەن: ــ تەۋرات قانۇنىدا نېمە پۈتۈلگەن؟ بۇنىڭغا ئۆزۈڭ
قانداق قارايسەن؟ ــ دېدى.
[27] ھېلىقى كىشى جاۋابەن:
«پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن
كۈچۈڭ ۋە پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن»؛ ۋە «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى
سۆيگەندەك سۆي» ــ دېدى.

---

**23:10 «سىلەر كۆرۈۋاتقان ئىشلارنى كۆرگەن كۆزلەر نەقەدەر بەختلىكتۇر!»** ــ ياكى «سىلەر كۆرۈۋاتقان ئىشلارنى كۆرگەن كۆزلەر نەقەدەر مۇبارەكتۇر». «مۇبارەك» ئەسلىدە «خۇدا تەرىپىدىن بەرىكەتلەنگەن» دېگەن مەنىدە.

**23:10** مات. 16:13.

**24:10** 1پېت. 10:1.

**25:10 «ئۇستاز، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ۋارىس بولماق ئۈچۈن نېمە ئىشنى قىلىشىم كېرەك؟»** ــ گرېك تىلىدا «نېمە ئىشنى قىلىشىم كېرەك؟» دېگەن سۆز مەلۇم بىر ئىشنى بىرلا قېتىم قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**26:10 «بۇنىڭغا ئۆزۈڭ قانداق قارايسەن؟»** ــ گرېك تىلىدا «بۇنى قانداق ئوقۇيسەن؟».

**27:10 «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن كۈچۈڭ ۋە پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن»؛ ۋە «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي»** ــ «قان.» 5:6 ۋە «لاۋ.» 18:19.

**27:10** لاۋ. 18:19؛ قان. 5:6؛ 12:10؛ 6:30؛ رىم. 9:13؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2.

[28] ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ توغرا جاۋاب بەردىڭ. مانا شۇنداق قىلساڭ ھايات
بولىسەن، ــ دېدى.
[29] لېكىن ئۆزىنى ھەققانىي دەپ ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، ئەيسادىن
يەنە سوراپ:
ئەمدى «مېنىڭ قوشنام» كىمدۇر؟ ــ دېدى.
[30] ئەيسا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
بىر ئادەم يېرۇسالېمدىن يېرىخو شەھىرىگە چۈشۈۋېتىپ، يولدا
قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قاراقچىلار ئۇنىڭ كىيىم-
كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنى يارىلاندۇرۇپ، چالا ئۆلۈك ھالدا
تاشلاپ كېتىپتۇ. [31] ۋە شۇنداق بولدىكى، مەلۇم بىر كاھىن شۇ يولدىن
چۈشۈۋېتىپ، ھېلىقى ئادەمنى كۆرۈپ، يولنىڭ ئۇ چېتى بىلەن
مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. [32] شۇنىڭدەك بىر لاۋىيلىق روھانىي بۇ يەرگە
كەلگەندە، يېنىغا كېلىپ قاراپ قويۇپ، يولنىڭ ئۇ چېتى بىلەن
مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. [33] لېكىن سەپەردە بولغان بىر سامارىيەلىك

**28:10 «توغرا جاۋاب بەردىڭ. مانا شۇنداق قىلساڭ ھايات بولىسەن»** ــ «خۇدانى سۆيۈش» ئۈچۈن ئۇنى تونۇش كېرەك؛ ئۇنى تونۇش ئۈچۈن ئوغلى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك (22-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**29:10 «لېكىن ئۆزىنى ھەققانىي دەپ ئىسپاتلىماقچى بولۇپ،...»** ــ ياكى «لېكىن ئۆزىنىڭ سورىشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن...». **«ئەمدى «مېنىڭ قوشنام» كىمدۇر؟»** ــ يەھۇدىي ئۆلىمالار ۋە ئۇستازلارغا نىسبەتەن «بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز» پەقەت «يەھۇدىي قېرىنداشلىرىمىز» دەپ ھېسابلاش كېرەك ئىدى. يەھۇدىي ئەمەسلەر ۋە سامارىيەلىكلەر ھەرگىز «قوشنا» ھېسابلانمايتتى.

**31:10 «مەلۇم بىر كاھىن شۇ يولدىن چۈشۈۋېتىپ، ھېلىقى ئادەمنى كۆرۈپ، يولنىڭ ئۇ چېتى بىلەن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ»** ــ مۇشۇ كاھىن يەھۇدىي بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەگەر ھېلىقى ئادەم ئۆلگەن بولسا، ئۇنداقتا كاھىن ئۇنىڭغا تەگسە، «ناپاك ھېسابلىنىپ» مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا ئىشلەشكە ۋاقىتلىق نالايىق بولاتتى. بىراق ئۇ «(يۇقىرىدىن) چۈشۈۋاتىدۇ» ــ دېمەك، ئىبادەتخانىدىن باشقا يەرگە كېتىۋاتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ: «مۇشۇ ئۆلگەندەك ئادەمگە تەگسەم بولمايدۇ» دېگەن باھانىنى قىلىشى تېخىمۇ ئورۇنسىز ئىدى. چۈنكى ئۇ «ناپاك» بولۇپ قالسا، ئىبادەتخانىغا كىرىش كېرەك بولغان ۋاقىتقىچە ئاللىقاچان «پاكلىنىپ بولاتتى».

**32:10 «بىر لاۋىيلىق روھانىي»** ــ لاۋىيلار مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا كاھىنلارغا ياردەمچى بولاتتى ۋە باشقا روھىي ئىشلار، جۈملىدىن تەلىم بېرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەگەر ھېلىقى كىشى

ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنى كۆرۈپلا ئىچ ئاغرىتىپتۇ 34 ۋە ئالدىغا بېرىپ، جاراھەتلىرىگە ماي ۋە شاراب قۇيۇپ، تېڭىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئۆز ئۇلىغىغا مىندۈرۈپ، بىر سارايغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. 35 ئەتىسى يولغا چىققاندا، ئىككى كۈمۈش دىنارنى ئېلىپ سارايۋەنگە بېرىپ: «ئۇنىڭغا قاراپ قويۇڭ، بۇنىڭدىن ئارتۇق چىقىم بولسا، قايتىشىمدا سىزگە تۆلەيمەن» دەپتۇ.

36 ئەمدى ئەيسا ھېلىقى ئۇستازدىن:

سىنىڭچە، بۇ ئۈچ ئادەم ئىچىدە قايسىسى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ھېلىقى كىشىگە ھەقىقىي قوشنا بولغان؟ ــ دەپ سورىدى.

37 ــ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن كىشى، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ ئۇنداق بولسا، سەن ھەم بېرىپ شۇنىڭغا ئوخشاش قىلغىن، ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ مارتا ۋە مەريەمدە مېھمان بولۇشى

38 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە يولدا كېتىۋېتىپ، مەلۇم بىر يېزىغا كىردى. ئۇ يەردە مارتا ئىسىملىك بىر ئايال ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلدى. 39 مارتانىڭ مەريەم

---

ئۆلگەن بولسا، ئۇمۇ «ئۆلگەن ئادەم»گە تەگسەم «ناپاك بولىمەن»، دېگەننى باھانە قىلالايتتى.

33:10 **«بىر سامارىيەلىك...»** ــ «سامارىيەلىكلەر» يەھۇدىيلار ئۆچ كۆرگەن، «كاپىر» دەپ ھېسابلىغان خەلق ئىدى.

35:10 **«دىنار»** ــ گرېك تىلىدا «دېنارىئوس» ــ ئىككى دىنار بىر ئىشچىنىڭ ئىككى كۈنلۈك ھەققىگە يېقىن.

36:10 **«سىنىڭچە، بۇ ئۈچ ئادەم ئىچىدە قايسىسى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ھېلىقى كىشىگە ھەقىقىي قوشنا بولغان؟»** ــ مۇشۇ تەمسىل بويىچە مۇھىم سوئال «قوشنام كىم؟» ئەمەس، بەلكى «مەن دېگەن كىم؟». مەسىھنىڭ تەمسىلى بويىچە، مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان ھەرقانداق كىشىگە (قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) «قوشنا بولۇش»ۇمغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، «مەن باشقىلارغا ھەقىقىي قوشنىمەن؟»».

38:10 **«ئۇ مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە يولدا كېتىۋېتىپ...»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ...».

ئىسمىلىك بىر سىڭلىسى بار ئىدى. ئۇ ئەيسانىڭ ئايىغى ئالدىدا
ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆز-كالامىنى تىڭشىۋاتاتتى. [40] ئەمدى مېھمانلارنى
كۈتۈش ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن مارتا
ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ:
ئى رەب، سىڭلىمنىڭ مېنى مېھمان كۈتكىلى يالغۇز تاشلاپ
قويغىنىغا كارىڭ بولمامدۇ؟ ئۇنى ماڭا ياردەملىشىشكە بۇيرۇغىن!
— دېدى.
[41] لېكىن ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:
ئەي مارتا، مارتا، سەن كۆپ ئىشلارنىڭ غېمىنى يەپ ئاۋارە بولۇپ
يۈرۈۋاتىسەن. [42] بىراق بىرلا ئىش زۆرۈردۇر؛ ۋە مەريەم شۇنىڭدىن
ئۆزىگە نېسىۋە بولىدىغان ياخشى ئۈلۈشنى تاللىدى؛ بۇ ھەرگىز
ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىنمايدۇ — دېدى.

## دۇئا قىلىش توغرىسىدىكى تەلىم

مات. 6:9-15

11 [1] ئەمدى شۇنداق بولدىكى، ئۇ بىر يەردە دۇئا قىلىۋاتاتتى؛ دۇئا
ئاياغلاشقاندا، مۇخلىسلىرىدىن بىرى ئۇنىڭدىن:
ئى رەب، يەھيا ئۆز مۇخلىسلىرىغا ئۆگەتكىنىدەك، سەنمۇ بىزگە دۇئا
قىلىشنى ئۆگەتسەڭ، — دېدى.
[2] ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
دۇئا قىلغىنىڭلاردا، مۇنداق دەڭلار:

41:10 **«مارتا، مارتا،...»** — مۇقەددەس كىتابتا، بىرسىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ياكى بىر جايىنىڭ نامىنى تەكرار ئىككى قېتىم چاقىرىشى ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەزىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

42:10 **«بىراق بىرلا ئىش زۆرۈردۇر»** — بۇ نېمە ئىش؟ مەسىھنىڭ بۇ ئىنتايىن مۇھىم بايانى توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

«ئى ئاتا،
سېنىڭ نامىڭ مۇقەددەس دەپ ئۇلۇغلانغاي.
سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ كەلگەي.
3 ھەر كۈنلۈك نېنىمىزنى بىزگە ھەركۈنى بەرگەيسەن.
4 بىزگە قەرزدار بولغان ھەركىمنى كەچۈرگىنىمىزدەك،
سەنمۇ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.
بىزنى ئازدۇرۇلۇشلارغا ئۇچراتقۇزمىغايسەن».

5 ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىرىڭلارنىڭ بىر دوستى بولۇپ، يېرىم
كېچىدە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئەي دوستۇم، ماڭا ئۈچ نان ئۆتنە
بەرگىن؛ 6 چۈنكى ماڭا سەپەردىن بىر دوستۇم كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا
قويغۇدەك بىر نەرسەم قالماپتۇ، دېسە، 7 ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:
«مېنى ئاۋارە قىلمىغىن، ئىشىك تاقاقلىق، باللار ئورۇندا يېنىمدا
ياتىدۇ. ساڭا ئېلىپ بېرىشكە قوپالمايمەن»، دېيىشى مۇمكىن.
8 سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، گەرچە ئۇ ئۇنىڭ دوستى بولۇش سۈپىتى
بىلەن بېرىشكە ئورنىدىن تۇرمىسىمۇ، ئۇنىڭ خىجىل بولماي قايتا-
قايتا يالۋۇرۇشى بىلەن ئۇ چوقۇم ئورنىدىن تۇرۇپ، قانچە لازىم بولسا
ئۇنىڭغا بېرىدۇ. 9 شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئېيتايكى، تىلەڭلار،
سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ؛ ئىزدەڭلار، تاپىسىلەر. ئىشىكنى چېكىڭلار،
ئېچىلىدۇ. 10 چۈنكى ھەربىر تىلىگۈچى تىلىگىنىگە ئېرىشىدۇ؛
ئىزدىگۈچى ئىزدىگىنىنى تاپىدۇ؛ ئىشىكنى چەككۈچىلەرگە ئىشىك

4:11 **«بىزگە قەرزدار بولغان ھەركىمنى كەچۈرگىنىمىزدەك...»** — بۇ ئايەتتىكى «قەرز» چوقۇم گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى كۆرۈڭ.
7:11 **«باللار ئورۇندا يېنىمدا ياتىدۇ»** — ياكى «باللىرىم ھەممىمىز يېتىپ قالدۇق».
8:11 **«ئۇنىڭ خىجىل بولماي قايتا-قايتا يالۋۇرۇشى بىلەن...»** — «خىجىل بولماي قايتا-قايتا يالۋۇرۇشى» گرېك تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
**9:11** مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ يۇھ. 13:14؛ 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1، 6؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5.

ئېچىلىدۇ. [11]ئاراڭلاردا ئاتا بولغۇچىلار ئۆز ئوغلى نان تەلەپ قىلسا،
ئۇنىڭغا تاش بېرىدىغانلار بارمۇ؟! ياكى بېلىق تەلەپ قىلسا، يىلان
بېرىدىغانلار بارمۇ؟ [12]تۇخۇم تەلەپ قىلسا، چايان بېرىدىغانلار
بارمۇ؟ [13]ئەمدى سىلەر رەزىل تۇرۇپ ئۆز پەرزەنتلىرىڭلارغا ياخشى
ئىلتىپاتلارنى بېرىشنى بىلگەن يەردە، ئەرشتىكى ئاتا ئۆزىدىن
تىلىگەنلەرگە مۇقەددەس روھنى تېخىمۇ ئاتا قىلماسمۇ؟

## ئەيسا «بەئەلزەبۇل»، يەنى شەيتاندىن كۈچلۈكتۇر

**مات. 12:22-30؛ مار. 3:20-27**

[14]ئەمدى ئۇ بىر كىشىدىن «ئادەمنى گاچا قىلغۇچى» جىننى
ھەيدىۋەتكەندە، شۇنداق بولدىكى، جىن ئۇنىڭدىن چىققاندا،
گاچا زۇۋانغا كەلدى. خالايىق بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران بولۇشتى.
[15]بىراق ئۇلاردىن بەزىلىرى: «ئۇ جىنلارنى جىنلارنىڭ ئەمىرى بولغان
بەئەلزەبۇلغا تايىنىپ ھەيدىۋېتىدۇ» ــ دېدى. [16]ۋە باشقا بەزىلەر ئۇنى
سىناش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن بىزگە ئاسماندىن بىر مۆجىزىلىك
ئالامەت كۆرسەتسەڭ، دەپ تەلەپ قىلغىلى تۇردى. [17]لېكىن ئۇ
ئۇلارنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

---

**11:11** مات. 9:7.

**14:11 «جىن ئۇنىڭدىن چىققاندا، گاچا زۇۋانغا كەلدى. خالايىق بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران بولۇشتى»** ــ ئۇلارنىڭ ھەيران بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى، يەھۇدىي ئۆلىمالارنىڭ پىكرىچە، جىننى ھەيدەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى جىندىن سوراش كېرەك. جىن چاپلاشقان ئادەمنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئىسمىنى ئېيتسا، ئاندىن شۇ ئىسمىنى ئىشلىتىپ جىننى ھەيدىگىلى بولاتتى. ئەمدى جىن ئادەمنى گاچا قىلىپ قويغان بولسا، جىننىڭ ئىسمىنى بىلىش، شۇنداقلا ئۇنى ھەيدەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**14:11** مات. 9:32؛ 12:22.

**15:11 «ئۇ جىنلارنى جىنلارنىڭ ئەمىرى بولغان بەئەلزەبۇلغا تايىنىپ ھەيدىۋېتىدۇ»** ــ «بەئەلزىبۇل» (ياكى، «بەئەلزىبۇب») جىنلارنىڭ پادىشاھى شەيتاننى كۆرسىتىدۇ.

**15:11** مات. 9:34؛ 12:24؛ مار. 3:22.

**16:11 «بىزگە ئاسماندىن بىر مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسەتسەڭ...»** ــ ئۇلار تەلەپ قىلغان «مۆجىزىلىك ئالامەت» ئەيسانىڭ ھەقىقىي مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر كارامەتنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ ئۆزئارا سوقۇشقان ھەرقانداق پادىشاھلىق**
**ۋەيران بولىدۇ؛ ۋە ھەرقانداق ئائىلە ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ ئۆزئارا**
**سوقۇشسا زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. [18] شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر شەيتان**
**ئۆز-ئۆزىگە قارشى چىققان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى**
**قانداقمۇ پۇت تىرەپ تۇرالىسۇن؟ چۈنكى سىلەر مېنى، «جىنلارنى**
**بەئەلزەبۇلغا تايىنىپ ھەيدەيدىكەن» دەيسىلەر. [19] ئەگەر مەن جىنلارنى**
**بەئەلزىبۇلغا تايىنىپ قوغلىسام، سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلار كىمگە**
**تايىنىپ جىنلارنى قوغلايدۇ؟! شۇڭا ئۇلار سىلەر توغرۇلۇق ھۆكۈم چى**
**قارسۇن! [20] لېكىن مەن خۇدانىڭ بارمىقى بىلەن جىنلارنى قوغلىسام،**
**ئۇنداقتا خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈستۈڭلارغا چۈشۈپ نامايان بولغان**
**بولىدۇ. [21] تولۇق قوراللانغان كۈچتۈڭگۈر ئۆز ئۆيىنى قوغداپ تۇرغاندا،**
**ئۇنىڭ مال-مۈلكى ئامان قالىدۇ؛ [22] لېكىن ئۇنىڭدىن كۈچتۈڭگۈر**
**بىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يەڭسە، ئۇنىڭ تايانغان**
**قوراللىرىنى تارتىۋالىدۇ ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى ئولجا قىلىپ**

---

**17:11** مات. 25:12؛ مار. 24:3.

19:11 **«ئەگەر مەن جىنلارنى بەئەلزىبۇلغا تايىنىپ قوغلىسام، سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلار كىمگە تايىنىپ جىنلارنى قوغلايدۇ؟! شۇڭا ئۇلار سىلەر توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارسۇن!»** ــ بۇ سۆزنىڭ ئىككى شەرھى بار: ــ

—(1) «سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلار» ــ بۇ پەرىسىيلەرنىڭ ئۆز تالىپ-ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا پەرىسىيلەر ۋە ئەگەشكۈچىلىرى جىنلارنى ھېچ ھەيدىيەلمەيتتى. ئۇنداقتا شەيتانىنىڭ پادىشاھلىقىغا ھەقىقىي ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئەيسا ۋە مۇرىتلىرىمۇ، ياكى پەرىسىيلەرمۇ؟ پەرىسىيلەرنىڭ خۇدانىڭ ئەمەس، بەلكى شەيتانىنىڭ تەرىپىدە تۇرغانلىقى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ جىننى ھەيدەشكە كۈچسىز بولغانلىقىغا ئىسپات بېرەتتى.

—(2) «سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلار» ــ بۇ ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى (ئىسرائىللارنىڭ ئوغۇللىرىنى) كۆرسىتىدۇ. پەقەت ئەيسالا ئەمەس، ئۇلارمۇ جىنلارنى ھەيدىيەلەيدىغان بولغان؛ شۇڭا ئۇلارمۇ ئەيسانىڭ خۇدانىڭ كۈچى بىلەن جىن-شەيتانلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقانلىقىغا ئىسپات بېرەتتى.

—بىرىنچىسى (1)-كۆزقاراش توغرا. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

20:11 **«مەن خۇدانىڭ بارمىقى بىلەن جىنلارنى قوغلىسام...»** ــ «خۇدانىڭ بارمىقى» ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن جىنلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن خۇدا پۈتكۈل بېلىكىنى ئەمەس، پەقەت «بارمىقى»نى ئازراق مىدىرلىتىپ قويسىلا كۇپايە.

ئۆزىدىكىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.
[23] مەن تەرەپتە تۇرمىغانلار ماڭا قارشى تۇرغۇچىدۇر. مەن تەرەپكە
ئادەملەرنى يىغمىغۇچىلار بولسا تۇزۇتۇۋەتكۈچىدۇر.

[24] ناپاك روھ بىراۋنىڭ تېنىدىن چىقىرىۋېتىلىشى بىلەن، ئۇ
قۇرغاق جايلارنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ بىرەر ئارامگاھنى ئىزدەيدۇ؛
بىراق تاپالمىغاندىن كېيىن، «مەن چىققان ماكانىمغا قايتاي!»
دەيدۇ. [25] شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كېلىپ، شۇ ماكانىنىڭ پاكىز
تازىلانغانلىقىنى ۋە رەتلەنگەنلىكىنى بايقايدۇ-دە، [26] بېرىپ
ئۆزىدىنمۇ بەتتەر يەتتە روھنى باشلاپ كېلىدۇ؛ ئۇلار كىرىپ
بىللە تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ كېيىنكى ھالى
بۇرۇنقىدىنمۇ تېخىمۇ يامان بولىدۇ.

## ھەقىقىي بەخت

[27] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، كۆپچىلىك
ئارىسىدا بىر ئايال ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:
سېنى كۆتۈرگەن قورساق ۋە ئېمىتكەن ئەمچەك بەختلىكتۇر! ــ
دېدى.

---

22:11 **«تولۇق قوراللانغان كۈچتۈڭگۈر ئۆز ئۆيىنى قوغداپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ مال-مۈلكى ئامان قالىدۇ... »** ــ (10-ئايەت) بۇ تەمسىلدىكى «كۈچتۈڭگۈر ئادەم» شەيتاننى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. «ئۇنىڭدىن كۈچتۈڭگۈر بىرى»، يەنى ئۇنىڭ ئۆيىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچى ئەيسادىن باشقا ھېچكىم بولمايدۇ.

24:11 **«ناپاك روھ»** ــ جىننى كۆرسىتىدۇ.

**24:11** مات. 43:12؛ ھوش. 12:4

26:11 **«ناپاك روھ....بېرىپ ئۆزىدىنمۇ بەتتەر يەتتە روھنى باشلاپ كېلىدۇ؛ ئۇلار كىرىپ بىللە تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ كېيىنكى ھالى بۇرۇنقىدىنمۇ تېخىمۇ يامان بولىدۇ»** ــ بۇ تەمسىل ھەم جىن چاپلىشىشتىن قۇتقۇزۇلغان ئادەمنىڭ ھەقىقىي بىر خەتىرىنى ۋە شۇنداقلا كۆچمە مەنىدە يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «ماتتا»دىكى («مات.» 43:12-45 توغرىسىدا) «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**26:11** يۇھ. 14:5؛ ئىبر. 4:6، 5؛ 26:10؛ 2پېت. 20:2.

28 بىراق ئۇ جاۋابەن: ــ بەلكى خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا
ئىتائەت قىلىدىغانلار بەختلىكتۇر! ــ دېدى.

## كارامەت كۆرسىتىش تەلىپى

مات. 12:38-42؛ مار. 12:8

29 شۇ چاغدا، توپ-تاپ ئادەملەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقاندا، ئۇ
مۇنداق سۆزلەشكە باشلىدى:
بۇ دەۋر دەرۋەقە رەزىل بىر دەۋردۇر؛ ئۇ مۆجىزىلىك بىر
ئالامەتنىڭ كۆرسىتىلىشىنى ئىستەپ يۈرىدۇ. بىراق بۇنىڭغا
«يۈنۈس پەيغەمبەردە كۆرۈلگەن مۆجىزىلىك ئالامەت»تىن باشقا
ھېچقانداق ئىككىنچى بىر ئالامەت كۆرسىتىلمەيدۇ. 30 چۈنكى
يۈنۈس پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى نىنەۋە شەھىرىدىكىلەرگە ئالامەت-
كارامەت بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنسانئوغلىمۇ بۇ دەۋرگە يەنە
شۇنداق بولىدۇ.
31 قىيامەت كۈنى «جەنۇبتىن كەلگەن ئايال پادىشاھ»مۇ بۇ
دەۋردىكىلەر بىلەن تەڭ تىرىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى
بېكىتىدۇ. چۈنكى ئۇ سۇلايماننىڭ دانا سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن
يەر يۈزىنىڭ چېتىدىن كەلگەن؛ ۋە مانا، سۇلايماندىنمۇ ئۇلۇغ
بىرسى مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ.
32 قىيامەت كۈنى نىنەۋەلىكلەر بۇ دەۋردىكىلەر بىلەن تەڭ

---

**28:11** مات. 21:7؛ يـۇھ. 29:6؛ رىم. 13:2.

**29:11** «... **بۇنىڭغا «يۈنۈس پەيغەمبەردە كۆرۈلگەن مۆجىزىلىك ئالامەت»تىن باشقا ھېچقانداق ئىككىنچى بىر ئالامەت كۆرسىتىلمەيدۇ»** ــ «مات.» 12:39-40-ئايەتلەرگە قارالسۇن («يۈنۈس پەيغەمبەر يوغان بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ياتقاندەك، ئىنسانئوغلىمۇ ئوخشاشلا ئۈچ كېچە-كۈندۈز يەرنىڭ باغرىدا ياتىدۇ»).

**29:11** يۈن. 2:1، 11.

**31:11** **«جەنۇبتىن كەلگەن ئايال پادىشاھ»** ــ «شەبا پادىشاھلىقىنىڭ ئايال پادىشاھى»نى كۆرسىتىدۇ («1پاد.» 10:1-10نى كۆرۈڭ). «شەبا» بەلكىم جەنۇبىي ئەرەبىستاننى كۆرسىتىدۇ.

**31:11** 1پاد. 1:10؛ 2تار. 9:1؛ مات. 42:12.

قويۇپ، بۇ دەۋردىكىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى بېكىتىدۇ. چۈنكى نىنەۋەلىكلەر يۇنۇس پەيغەمبەر جاكارلىغان خەۋەرنى ئاڭلاپ توۋا قىلغان؛ ۋە مانا، يۇنۇس پەيغەمبەردىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ!

## خۇدانىڭ يورۇقلۇقىنى كىشىلەر پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك

مات. 5:15؛ 6:22-23

[33] ھېچكىم چىراغنى يېقىپ قويۇپ، ئۇنى يوشۇرۇن جايدا قويماس،
ياكى ئۈستىگە سېۋەتنى كۆمتۈرۈپ قويماس، بەلكى چىراغدانىنىڭ
ئۈستىگە قويىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن ئۆيگە كىرگەنلەر يورۇقلۇقنى
كۆرىدۇ.
[34] تەنىنىڭ چىرىغى كۆزدۇر. شۇڭا ئەگەر كۆزۈڭ ساپ بولسا، پۈتۈن
ۋۇجۇدۇڭ يورۇتۇلىدۇ. لېكىن ئەگەر كۆزۈڭ خۇنۇك بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ

---

11:32 **«قىيامەت كۈنى نىنەۋەلىكلەر بۇ دەۋردىكىلەر بىلەن تەڭ قوپۇپ، بۇ دەۋردىكىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى بېكىتىدۇ. چۈنكى نىنەۋەلىكلەر يۇنۇس پەيغەمبەر جاكارلىغان خەۋەرنى ئاڭلاپ توۋا قىلغان؛ ۋە مانا، يۇنۇس پەيغەمبەردىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ!»** ــ بۇ ئايەتلەر (29، 30 ۋە 32-)دە ئەيسا يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ يوغان بىر بېلىقنىڭ ئىچىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ تىرىك چىققانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈپ، ئۈچىنچى كۈنى تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتقان. تەۋرات، «يۇنۇس» 1-2-بابلارنى ۋە شۇ كىتابتىكى «يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ ئالامەت-كارامىتى» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ. «بۇ دەۋردىكىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى بېكىتىدۇ» ــ دېمەك، «بۇتپەرەس نىنەۋەلىكلەر يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاپ، يامان يولدىن قايتقان. بىراق، بۇ يەردە يۇنۇس پەيغەمبەردىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى بولغان مەسىھ سىلەرنى يامان يولدىن قايتىشقا چاقىرسا، قۇلاق سالمىدىڭلار».

**11:32** يۇن. 3:5.

11:33 **«...ئۈستىگە سېۋەتنى كۆمتۈرۈپ قويماس»** ــ «سېۋەت» گرېك تىلىدا «ئۆلچەم سېۋەت».

**11:33** مات. 5:15؛ مار. 4:24؛ لۇقا 8:16.

قاراڭغۇ بولىدۇ. 35شۇنىڭ ئۈچۈن ھېزى بولغىنىكى، ۋۇجۇدۇڭدىكى
«يورۇقلۇق» قاراڭغۇلۇق بولمىسۇن! 36ئەمدى ئەگەر بارچە ۋۇجۇدۇڭ
يورۇق بولسا ۋە ئۇنىڭ ھېچ يېرى قاراڭغۇ بولمىسا، ۋۇجۇدۇڭ خۇددى
چىراغ پارلاق نۇرى بىلەن سېنى يورۇتقاندەك تامامەن ئايدىڭ بولىدۇ.

## پەرىسىيلەر بىلەن تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ ساختىپەزلىكىنى ئەيىبلەش

مات. 23:1-36؛ مار. 12:38-40؛ لۇقا 20:45-47

37ئەيسا سۆز قىلىۋاتقاندا، بىر پەرىسىي ئۇنى ئۆيىگە غىزاغا
تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيىگە كىرىپ، داستىخاندا
ئولتۇردى. 38لېكىن ھېلىقى پەرىسىي ئۇنىڭ تاماقتىن ئىلگىرى قول
يۇمىغىنىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران بولدى. 39لېكىن رەب ئۇنىڭغا:

---

34:11 **«ئەگەر كۆزۈڭ ساپ بولسا»** ــ گرېك تىلىدا «ساپ» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى مەنىسى بار: ــ (1) «بىر، بۆلۈنمەس، بىرلەشكەن، ساق»؛ (2) «سېخىي» دېگەن مەنىسى بار. دېمەك، شۇنداق بولغاندا «ساپ» دېگەن سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى «كۆزۈڭ خۇداغىلا قارىسا...» ۋە «سەن ئۆزۈڭ سېخىي بولساڭ....» دېگەن بولىدۇ. **«ئەگەر كۆزۈڭ خۇنۈك بولسا،...»** ــ «خۇنۈك» دېگەن سۆز گرېك تىلىدا ھەم «رەزىل» ھەم «ساق ئەمەس، ئاجىز، كېسەل» دېگەن ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. **«تەنىنىڭ چىرىغى كۆزدۇر. شۇڭا ئەگەر كۆزۈڭ ساپ بولسا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ يورۇتۇلىدۇ. لېكىن ئەگەر كۆزۈڭ خۇنۈك بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ قاراڭغۇ بولىدۇ»** ــ تەۋرات، «پەند.» 20:27نى كۆرۈڭ.

34:11 مات. 6:22.

35:11 **«شۇنىڭ ئۈچۈن ھېزى بولغىنىكى، ۋۇجۇدۇڭدىكى «يورۇقلۇق» قاراڭغۇلۇق بولمىسۇن!»** ــ مۇشۇ سىرلىق گەپ ساختىپەزلىكنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى بىرسى ساختىپەزلىكنى قىلىپ: «مەندە يورۇقلۇق (ھەقىقەت) بار» دەپ تۇرۇۋالسا، ئاخىر بېرىپ چوقۇم ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدۇ؛ ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدا بولغان قاراڭغۇلۇق ئادەتتىكى «گۇناھكار» كىشىلەردە بولغان قاراڭغۇلۇقتىن تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بۇ كىشىلەردە بولغان «يورۇقلۇق» ئەمەلىيەتتە قاراڭغۇلۇقتۇر. مۇنداق ساختىپەزلىك ئادەتتە پەقەت مەلۇم ئېتىقادى بار كىشىلەر ياكى دىندارلار ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ.

37:11 **«...داستىخاندا ئولتۇردى»** ــ گرېك تىلىدا «...داستىخاندا ياتتى». يەھۇدىي خەلقى داستىخاندا يانپاشلاپ ياتاتتى.

38:11 **«ھېلىقى پەرىسىي ئۇنىڭ تاماقتىن ئىلگىرى قول يۇمىغىنىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران بولدى»** ــ يەھۇدىي خەلقى «تاماقتىن ئىلگىرى قول يۇيۇش» پەقەت سالامەتلىككە

**ئەمدى سىلەر ئەي پەرىسىيلەر، چىنە-قاچىلارنىڭ تېشىنىلا**
**يۇيۇپ پاكىزلىغىنىڭلار بىلەن ئىچىڭلار ھەرتۈرلۈك ھېرىسلىك ۋە**
**رەزىللىككە تولغاندۇر.**
40 **ئەي نادانلار، تېشىنى ياراتقۇچى ئىچىنىمۇ ياراتقان ئەمەسمۇ؟!**
41 **ئەمدى ئۆز ئىچ-ئىچىڭلاردىن خەيرخاھلىق قىلىڭلار ۋە مانا،**
**ھەممە نەرسە سىلەرگە پاكىز بولىدۇ.**
42 **ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي پەرىسىيلەر! چۈنكى سىلەر ھەتتا يالپۇز**
**بىلەن سۇزاپنىڭ ۋە ھەرخىل دورا-دەرمانلارنىڭ ئوندىن بىرىنى**
**ئۆشرە قىلىپ خۇداغا ئاتايسىلەر-يۇ، بىراق ئادالەت ۋە خۇدانىڭ**
**مۇھەببىتىنى ھېچ ئېتىبارغا ئالماي كېتىۋېرىسىلەر. دەرۋەقە، ئاۋۋال**
**مۇشۇ ئىشلارنى ئورۇندىشىڭلار كېرەك، ئاندىن شۇ ئىشلارنىمۇ ئادا**
**قىلماي قويماسلىقىڭلار كېرەك.**
43 **ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي پەرىسىيلەر! چۈنكى سىلەر سىناگوگلاردا**

---

پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارغا بىر خىل دىنىي ساۋاب يەتكۈزىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنداق قىلماسلىق ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قالدۇرغان قائىدە-يوسۇنلىرىغا سەل قاراپ ئۇلارغا قىلىنغان بىھۆرمەتلىككە باراۋەر ئىدى. شۈبھىسىزكى، مەسىھ شۇ چاغدا قەستەن قول يۇماي داستىخاندا ئولتۇرغانىدى.

**39:11** مات. 25:23؛ تىت. 15:1.

41:11 **«ئۆز ئىچ-ئىچىڭلاردىن خەيرخاھلىق قىلىڭلار ۋە مانا، ھەممە نەرسە سىلەرگە پاكىز بولىدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پىيالە ئىچىدىكىدىن سەدىقە بېرىڭلار، ۋە مانا، ھەممە نەرسە سىلەرگە پاكىز بولىدۇ». لېكىن بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە مەسىھ ئىنساننىڭ **ئۆز ئىچىنى** خۇداغا بېغىشلاش كېرەكلىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**41:11** يەش. 7:58؛ دان. 24:4؛ لۇقا 33:12.

42:11 **«سىلەر پەرىسىيلەر ھەتتا يالپۇز بىلەن سۇزاپنىڭ ۋە ھەرخىل دورا-دەرمانلارنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرە قىلىپ خۇداغا ئاتايسىلەر-يۇ»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا تەۋرات قانۇنىدا ئىبادەتخانىدىكى ئىشلار ۋە كاھىنلارنىڭ كىرىمى ئۈچۈن ئۆز خەلقىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن «ئوندىن بىر ئۈلۈشى»نى تەلەپ قىلغانىدى. **«بىراق ئادالەت ۋە خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى ھېچ ئېتىبارغا ئالماي كېتىۋېرىسىلەر»** — ئەيسانىڭ «خۇدانىڭ مۇھەببىتى» دېگىنى ھەم خۇدا ئىنسانلارغا باغلىغان مۇھەببەت ھەم ئىنسانلار خۇداغا باغلاش كېرەك بولغان مۇھەببەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك.

**42:11** 1سام. 22:15؛ ھوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 13:9؛ 7:12؛ 23:23.

ئالدىنقى ئورۇنلاردا ئولتۇرۇشقا، بازارلاردا كىشىلەرنىڭ سىلەرگە
بولغان ھۆرمەتلىك سالاملىرىغا ئامراقسىلەر. [44] سىلەرگە ۋاي!
چۈنكى سىلەر خۇددى كىشىلەر كىتىۋېتىپ، ئۈستىگە دەسسەپ
سېلىپمۇ سەزمەي ئۆتۈپ كەتكەن گۆرلەرگە ئوخشايسىلەر! ـ دېدى.
[45] تەۋرات ئەھلىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، بۇلارنى ئېيتقىنىڭ بىزگىمۇ ھاقارەت بولدى! ـ دېدى.
[46] ئۇ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
سىلەرگىمۇ ۋاي، ئەي تەۋرات ئەھلىلىرى! چۈنكى سىلەر
كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر يۈكلەرنى ئادەملەرنىڭ زىممىسىگە
ئارتىپ قويىسىلەر-يۇ، ئەمما ئۆزۈڭلار بۇ يۈكلەرنى كۆتۈرۈشكە
بىرمۇ بارمىقىڭلارنى تەگكۈزمەيسىلەر! [47] سىلەرگە ۋاي! چۈنكى
پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنى ياساپ كېلىۋاتىسىلەر، لېكىن
ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ئۇلارنى ئۆلتۈردى. [48] شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئاتا-
بوۋىلىرىڭلار قىلغانلىرىغا رازى بولغانلىقىڭلارغا گۇۋاھلىق
بېرىسىلەر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردى ۋە سىلەر ئۇلارنىڭ
قەبرىلىرىنى ياسايسىلەر. [49] بۇ سەۋەبتىنمۇ خۇدانىڭ دانالىقى

---

43:11 **«سىلەر پەرىسىيلەر... بازارلاردا كىشىلەرنىڭ سىلەرگە بولغان ھۆرمەتلىك سالاملىرىغا ئامراقسىلەر»** ـ تارىخ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز «ئۇستازلىرى»غا قىلغان «سالاملار»نى ئىنتايىن ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ دەپ بىلىمىز.

**43:11** مات. 6:23؛ مار. 38:12؛ لۇقا 46:20.

44:11 **«...سىلەر خۇددى كىشىلەر كىتىۋېتىپ، ئۈستىگە دەسسەپ سېلىپمۇ سەزمەي ئۆتۈپ كەتكەن گۆرلەرگە ئوخشايسىلەر!»** ـ يەھۇدىي موللىلارنىڭ تەۋرات قانۇنىغا شەرھ بېرىشىچە «قەبرىلەرگە تېگىش» ئادەمنى كەچ كىرگۈچە «ناپاك» قىلاتتى، يۇيۇنۇش كېرەك ئىدى

**44:11** مات. 27:23.

46:11 **«سىلەر كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر يۈكلەرنى ئادەملەرنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويىسىلەر-يۇ،...»** ـ «ئېغىر يۈكلەر» ھەر تۈرلۈك قاتتىق دىنىي قائىدە-يوسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ

**46:11** يەش. 1:10؛ مات. 4:23؛ روس. 10:15.

**47:11** مات. 29:23.

48:11 **«ئۇلار ، يەنى ئاتا-بوۋىلىرىڭلار پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردى ۋە سىلەر ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى ياسايسىلەر»** ـ يەھۇدىي خەلقى دائىم «ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلىرىمىز» «ئاتا-بوۋىلىرىمىز

دەيدۇكى: «مەن ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ۋە روسۇللارنى ئەۋەتىمەن ۋە
بۇلاردىن بەزىلىرىنى ئۇلار ئۆلتۈرىدۇ ۋە بەزىلىرىنى زىيانكەشلىك
بىلەن قوغلىۋېتىدۇ». 51-50 شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن
بۇيانقى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تۆكۈلگەن قان قەرزلىرى، يەنى
هابىلنىڭ تۆكۈلگەن قېنىدىن تارتىپ تاكى ئىبادەتخانىدىكى
قۇربانگاھ بىلەن مۇقەددەس جاي ئارىلىقىدا قەتل قىلىنغان كاهىن
زەكەرىيانىڭ تۆكۈلگەن قېنىغىچە بارلىق قان قەرزلەر ئۈچۈن مۇشۇ
دەۋردىكىلەردىن هېساب ئېلىنىدۇ. مەن سىلەرگە بەرهەق شۇنى
ئېيتىپ قويايكى، بۇلارنىڭ هەممىسى مۇشۇ دەۋردىن ئېلىنىدىغان
بولىدۇ!
52 هالىڭلارغا ۋاي، ئەي تەۋرات ئەهلىلىرى! چۈنكى هېكمەت
خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭلار ئۇنىڭ ئىچىگە
كىرمىدىڭلار ۋە كىرەي دېگەنلەرنىمۇ كىرگۈزمىدىڭلار.
53 ئۇ شۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن، تەۋرات ئۇستازلىرى بىلەن

---

قالدۇرغان مۇقەددەس قائىدە-يوسۇنلار» دەيتتى. ئۇلار مۇشۇ «ئاتا-بوۋىلىرىمىز قالدۇرغان مۇقەددەس قائىدە-يوسۇنلار»غا چىڭ ئېسىلىۋالاتتى، لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيتتى، ۋە ئۇلارنىڭ هازىر ئاتا-بوۋىلىرىدەك خۇدا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە، هەتتا قۇتقۇزغۇچى-مەسىهكە بولغان زىيانكەشلىكلىرى توغرۇلۇق هېچ ئويلانمايتتى (49-ئايەتنى كۆرۈڭ).

49:11 ««**خۇدانىڭ دانالىقى دەيدۇكى: «مەن ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ۋە روسۇللارنى ئەۋەتىمەن ۋە بۇلاردىن بەزىلىرىنى ئۇلار ئۆلتۈرىدۇ ۋە بەزىلىرىنى زىيانكەشلىك بىلەن قوغلىۋېتىدۇ»»** — بۇ سۆزلەر مەلۇم پەيغەمبەر ئېيتقان سۆز بولمىغىنى بىلەن، ئۇ كۆپ بېشارەتلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىشىدۇر.

**49:11** مات. 16:10؛ لۇقا 3:10؛ يـۇھ. 2:16؛ روس. 51:7؛ ئىبر. 35:11.

51-50:11 «**يەنى هابىلنىڭ تۆكۈلگەن قېنىدىن تارتىپ تاكى ئىبادەتخانىدىكى قۇربانگاھ بىلەن مۇقەددەس جاي ئارىلىقىدا قەتل قىلىنغان كاهىن زەكەرىيانىڭ تۆكۈلگەن قېنىغىچە بارلىق قان قەرزلەر...»** — هابىلنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرۇلۇق «يار.» 8:4-11نى، زەكەرىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرۇلۇق «2تار.» 20:24-22نى كۆرۈڭ. بۇ ئىككى ۋەقە يەهۇدىيلارنىڭ تەۋراتنى ئەنئەنىۋى ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپى بويىچە تەۋراتنىڭ ئەڭ بېشىدا ۋە ئەڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ.

**51-50:11** يار. 8:4؛ 2تار. 21:24؛ ئىبر. 4:11.

**52:11** مات. 13:23.

پەرىسىيلەر ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق قارشىلىشىپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئىشلارنى مۇزاكىرىلەشتۈرۈشكە قىستىدى [54] ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىشقا سۆزىدىن بىرەر ئەيىب تېپىۋېلىشقا پايلاپ يۈرەتتى.

## ساختىپەزلىكتىن ھوشيار بولۇش

مات. 10:19-20؛ 10:28-33؛ 12:32

12 [1] شۇ چاغلاردا، مىڭلىغان كىشىلەر يىغىلىپ، بىر-بىرىنى دەسسىۋەتكۈدەك قىستا-قىستاڭ بولۇشۇپ كەتكەندە، ئۇ ئالۋال مۇخلىسلىرىغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:
پەرىسىيلەرنىڭ ئېچىتقۇسىدىن، يەنى ساختىپەزلىكىدىن ھوشيار بولۇڭلار. [2] چۈنكى يوشۇرۇلغان ھېچقانداق ئىش ئاشكارىلانماي قالمايدۇ، ۋە ھېچقانداق مەخپىي ئىش ئايان بولماي قالمايدۇ.
[3] شۇڭا سىلەرنىڭ قاراڭغۇدا ئېيتقانلىرىڭلار يورۇقتا ئاڭلىنىدۇ؛ ئۆيىنىڭ ئىچكىرىدە خۇپىيانە پىچىرلاشقانلىرىڭلارمۇ ئۆگزىلەردە جاكارلىنىدۇ.
[4] مەن سىلەر دوستلىرىمغا شۇنى ئېيتىمەنكى، تەننى ئۆلتۈرۈپ، باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلاردىن قورقماڭلار. [5] لېكىن مەن سىلەرگە كىمدىن قورقۇشۇڭلار كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ قوياي: ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، دوزاخقا تاشلاشقا ھوقۇقلۇق بولغۇچىدىن قورقۇڭلار؛ بەرھەق سىلەرگە ئېيتاي ــ ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار!

---

53:11 **«ئۇ شۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن...»** ــ ياكى «ئۇ بۇلارنى ئېيتقاندا،...».
1:12 **«پەرىسىيلەرنىڭ ئېچىتقۇسىدىن، يەنى ساختىپەزلىكىدىن ھوشيار بولۇڭلار»** ــ «مات.» 16:1-12نىمۇ كۆرۈڭ. مۇقەددەس يازمىلاردا ئېچىتقۇ (خېمىرتۇرۇچ) كۆپ يەرلەردە تەكەببۇرلۇق ۋە ساختىپەزلىككە سىمۋول قىلىنىدۇ.
**1:12** مات. 16:16؛ مار. 15:8.
**2:12** ئايۇپ 22:12؛ مات. 26:10؛ مار. 22:4؛ لۇقا 17:8.
3:12 **«خۇپىيانە پىچىرلاشقانلىرىڭلار»** ــ گرېك تىلىدا «قۇلاققا ئېيتقىنىڭلار».
**4:12** يەش. 7:51؛ يەر. 8:1؛ مات. 28:10.

[6] بەش قۇشقاچ ئىككى تىيىنگە سېتىلىدىغۇ؟ لېكىن ئۇلارنىڭ
ھېچبىرىمۇ خۇدا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قالغىنى يوق. [7] لېكىن ھەتتا
ھەربىر تال چېچىڭلارمۇ سانالغاندۇر. شۇنداق ئىكەن، قورقماڭلار؛
سىلەر نۇرغۇنلىغان قۇشقاچتىن قىممەتلىكسىلەر!

## ئەيسانى ئېتىراپ قىلىش ۋە قىلماسلىق

[8] ــ بىراق مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، كىم مېنى ئىنسانلارنىڭ
ئالدىدا ئېتىراپ قىلسا، ئىنسانئوغلىمۇ ئۇنى خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى
ئالدىدا ئېتىراپ قىلىدۇ. [9] بىراق ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا مېنى
تونۇمىغان كىشى، خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئالدىدىمۇ تونۇلمايدۇ.
[10] ئىنسانئوغلىغا قارشى سۆز قىلغان ھەرقانداق كىشى كەچۈرۈمگە
ئېرىشەلەيدۇ؛ لېكىن مۇقەددەس روھقا كۇپۇرلۇق قىلغۇچى بولسا
كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ.
[11] لېكىن كىشىلەر سىلەرنى سىناگوگلارغا ياكى ھۆكۈمدارلار ۋە
ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ سوراققا تارتقاندا، «ئەرزگە
قانداق جاۋاب بەرسەم؟» ياكى «نېمە دېسەم بولار؟» دەپ ئەندىشە قى
لماڭلار. [12] چۈنكى نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى شۇ ۋاقتى-سائىتىدە
مۇقەددەس روھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ.

---

**6:12 «بەش قۇشقاچ ئىككى تىيىنگە سېتىلىدىغۇ؟»** ــ «تىيىن» گرېك تىلىدا «ئاسسارىيون».
«ئىككى تىيىن» ــ شۇ دەۋردىكى بىر ئىشچىنىڭ كۈنلۈك ھەققى بولغان «دېنارىئۇس»نىڭ 1/8
قىسمى ئىدى.

**6:12** مات. 29:10.

**7:12** 1سام. 45:14؛ 2سام. 11:14؛ 1پاد. 52:1؛ لۇقا 18:21.

**8:12** مات. 32:10.

**9:12** مات. 33:10؛ مار. 38:8؛ لۇقا 26:9؛ 2تىم. 12:2؛ 1يۇھ. 23:2.

**10:12 «مۇقەددەس روھقا كۇپۇرلۇق قىلىش»** ــ ياكى «مۇقەددەس روھقا قارشى گەپ
قىلىش» دېگەن گۇناھ توغرۇلۇق «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**10:12** 1يۇھ. 16:5.

**11:12** مات. 19:10؛ مار. 11:13؛ لۇقا 14:21.

## ئەقىلسىز باي ھەققىدىكى تەمسىل

[13] كۆپچىلىك ئارىسىدىن بىرسى ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، ئاكامغا ئاتىمىزدىن قالغان مىراسنى مەن بىلەن تەڭ
ئۈلەشىشكە بۇيرۇغايلا ــ دېدى.
[14] لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ بۇرادەر، كىم مېنى سىلەرنىڭ
ئۈستۈڭلارغا سوتچى ياكى ئۈلەشتۈرگۈچى قىلدى؟ ــ دېدى.
[15] ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ: ــ پەخەس بولۇپ ئۆزۈڭلارنى ھەرخىل
تاماخورلۇقتىن ساقلاڭلار. چۈنكى ئىنساننىڭ ھاياتى ئۇنىڭ مال-
مۈلۈكلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە باغلىق ئەمەستۇر، دېدى.
[16] ئاندىن ئۇ ئۇلارغا مۇنداق بىر تەمسىلنى ئېيتىپ بەردى:
«بىر باينىڭ يېرى مول ھوسۇل بېرىپتۇ. [17] ئۇ كۆڭلىدە «قانداق قىلاي؟
چۈنكى بۇنچىۋالا ھوسۇلنى قويغۇدەك يېرىم يوق» ــ دەپ ئويلاپتۇ.
[18] ئاندىن ئۇ: ــ «مۇنداق قىلاي: ــ ھازىرقى ئامبارلىرىمنى چۇۋۇۋېتىپ،
تېخىمۇ چوڭىنى ياساپ، بارلىق مەھسۇلاتلىرىم ۋە باشقا مال-
مۈلۈكلىرىمنى شۇ يەرگە يىغىپ ساقلاي! [19] ئاندىن ئۆز-ئۆزۈمگە: «ئەي
جېنىم، يىغىپ ساقلىغان، كۆپ يىل يەتكۈدەك نېمەتلىرىڭ بار، راھەت
ئىچىدە يەپ-ئىچىپ خۇش بولغىن!» دەيدىغان بولىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.
[20] لېكىن خۇدا ئۇنىڭغا:
«ئەي ئەخمەق، بۈگۈن كېچىلا جېنىڭ سەندىن تەلەپ قىلىپ ئېلىنىدۇ؛
ئۇنداقتا بۇ توپلىغىنىڭ كىمگە قالىدۇ؟» دەپتۇ.
[21] خۇدانىڭ ئالدىدا دۆلەتمەن بولماي، ئۆزىگە خەزىنە يىغقاننىڭ ھالى
شۇنداق بولار».

---

14:12 **«بۇرادەر، كىم مېنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا سوتچى ياكى ئۈلەشتۈرگۈچى قىلدى؟»** ــ «مىس.» 14:2نى كۆرۈڭ. مەسىھ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ رولىنى رەت قىلدى. بۇ مۇھىم ھەقىقەت ئۇستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**15:12** 1تىم. 7:6.

**19:12** توب. 9:11؛ 1كور. 32:15؛ ياق. 5:5.

**20:12** زەب. 6:39؛ زەب. 7:52؛ توب. 18:2، 19؛ يەر. 11:17.

## ئېتىقادچىلار ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك

مات. 6:19-21، 25-34

[22] ئاندىن ئۇ مۇخلىسلىرىغا مۇنداق دېدى:
شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، تۇرمۇشۇڭلار
توغرۇلۇق، نېمە يەرمىز ياكى نېمە كىيەرمىز، دەپ ئەندىشە قىلماڭلار.
[23] چۈنكى هاياتلىق يېمەكلىكتىن، تەن كىيىم-كېچەكتىن ئەزىزدۇر.
[24] قۇزغۇنلارغا قاراڭلار! ئۇلار تېرىمايدۇ ۋە يىغمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئامبار،
ئىسكىلاتلىرىمۇ يوق. لېكىن خۇدا ئۇلارنىمۇ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. سىلەر
قۇشلاردىن قانچىلىك ئەزىز-هە! [25] ئاراڭلاردا قايسىڭلار غەم-قايغۇ
بىلەن ئۆمرۈڭلارنى بىرەر سائەت ئۇزارتالايسىلەر؟ [26] ئەگەر شۇنچىلىك
كىچىككىنە ئىشمۇ قولۇڭلاردىن كەلمىسە، نېمە ئۈچۈن قالغان ئىشلار
توغرىسىدا غەم-ئەندىشە قىلىسىلەر؟ [27] نىلۇپەرلەرنىڭ قانداق
ئۆسىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار! ئۇلار ئەمگەكمۇ قىلمايدۇ، چاقمۇ
ئېگىرمەيدۇ؛ لېكىن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، هەتتا سۇلايمان
تولۇق شان-شەرەپتە تۇرغاندىمۇ ئۇنىڭ كىيىنىشى نىلۇپەرلەنىڭ بىر
گۈلىچىلىكمۇ يوق ئىدى. [28] ئەي ئىشەنچى ئاجىزلار! ئەمدى خۇدا
دالادىكى بۈگۈن ئېچىلسا، ئەتىسى قۇرۇپ ئوچاققا سېلىنىدىغان
ئاشۇ گۈل-گىياهلارنى شۇنچە بېزىگەن يەردە، سىلەرنى تېخىمۇ
كىيىندۈرمەسمۇ؟! [29] شۇنداق ئىكەن، نېمە يەيمىز، نېمە ئىچىمىز
دەپ باش قاتۇرماڭلار، هېچنېمىدىن ئەندىشە قىلماڭلار. [30] چۈنكى
هەرقايسى ئەلدىكىلەر مانا شۇنداق هەممە نەرسىلەرگە ئىنتىلىدۇ.

---

**22:12** زەب. 22:55؛ مات. 25:6؛ فىل. 6:4؛ 1تىم. 8:6؛ 1پېت. 7:5.

**24:12** ئايۇپ 41:38؛ زەب. 9:147.

25:12 **«قايسىڭلار غەم-قايغۇ بىلەن ئۆمرۈڭلارنى بىرەر سائەت ئۇزارتالايسىلەر؟»** — باشقا بىر تەرجىمىسى: «قايسىڭلار غەم-قايغۇ بىلەن بويۇڭغا بىرەر غېرىچ قوشالايسىلەر؟».

**25:12** مات. 27:6.

27:12 **«نىلۇپەرلەر...»** — ياكى «ياۋا گۈل-گىياهلار...». **«سۇلايمان»** — ئۇلۇغ پادىشاھ سۇلايمان.

29:12 **«...باش قاتۇرماڭلار»** — گرېك تىلىدا «....(يېمەكلىككە) ئىنتىلمەڭلار».

بىراق ئاتائىلار سىلەرنىڭ بۇ نەرسىلەرگە موھتاجلىقىڭلارنى بىلىدۇ
؛ [31] شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا ئىنتىلىڭلار ۋە ئۇ چاغدا،
بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە قوشۇلۇپ نېسىپ بولىدۇ.
[32] قورقماڭلار، ئى كىچىك پادا! چۈنكى ئاتاڭلار پادىشاھلىقنى
سىلەرگە ئاتا قىلىشنى خۇش كۆردى. [33] مال-مۈلكۈڭلارنى سېتىپ،
كەمبەغەللەرگە خەيرخاھلىق قىلىڭلار. ئۆزۈڭلارغا ئۈپرىمايدىغان
ھەميان، ئەرشلەردە ھەرگىز تۈگەپ كەتمەيدىغان بىر خەزىنە ھازىرلاڭلار؛
ــ شۇ يەردە ئوغرى يېقىن كەلمەيدۇ، كۈيە يەپ يوقاپ كەتمەيدۇ. [34] چۈنكى
بايلىقىڭلار قەيەردە بولسا، قەلبىڭلارمۇ شۇ يەردە بولىدۇ.

## مەسىھنىڭ كېلىشىگە تەييار بولۇڭلار!

مات. 24:45-51

[35] سىلەر بېلىڭلارنى چىڭ باغلاپ، چىراغلىرىڭلارنى ياندۇرۇپ
تۇرۇڭلار؛ [36] خۇددى خوجايىنىنىڭ توي زىياپىتىدىن قايتىپ
كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان چاكارلاردەك، ھەردائىم تەييار تۇرۇڭلار.
شۇنىڭ بىلەن خوجايىن كېلىپ ئىشىكنى قاققاندا، چاكارلار دەرھال
ئىشىكنى ئاچىدىغان بولىدۇ. [37] خوجايىن قايتىپ كەلگەندە،
چاكارلىرىنىڭ ئويغاق، تەييار تۇرغانلىقىنى كۆرسە، بۇ چاكارلارنىڭ
بەختىدۇر! مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، خوجايىن
ئۆزى بېلىنى باغلاپ، ئۇلارنى داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ
ئالدىغا كېلىپ شەخسەن ئۆزى ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ! [38] ۋە ئەگەر خوجايىن

---

**30:12 «ھەرقايسى ئەلدىكىلەر...»** ــ گرېك تىلىدا «بۇ دۇنيادىكى (يات) ئەللەردىكىلەر». «يات ئەللەر» يەھۇدىي ئەمەس بۇتپەرەسلەر بولۇپ، تىرىك خۇدانى بىلمەيتتى؛ مۇخلىسلار يەھۇدىي بولغاچقا، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەممە ئۆز خەلقىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنچى بولۇشى كېرەك ئىدى.

**31:12** 1تار. 13:3؛ زەب. 25:37.

**32:12 «ئاتاڭلار پادىشاھلىقنى سىلەرگە ئاتا قىلىشنى خۇش كۆردى»** ــ «پادىشاھلىق» بولسا خۇدانىڭ ئۆز پادىشاھلىقى، ئەلۋەتتە.

**33:12** مات. 20:6؛ 21:19؛ لۇقا 9:16؛ 1تىم. 19:6.

**35:12** ئەف. 14:6؛ 1پېت. 13:1.

ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى جېسەكتە كەلسىمۇ، چاكارلىرىنىڭ
شۇنداق ئويغاقلىقىنى كۆرسە، بۇ ئۇلارنىڭ بەختىدۇر!
39 لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئوغرىنىڭ
كېچىدە قايسى ۋاقىتتا كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇ
ئويغاق تۇرۇپ ئوغرىنىڭ ئۆيگە تېشىپ كىرىشىگە ھەرگىز يول قوي
مايتتى! 40 شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرمۇ ھەردائىم تەييار تۇرۇڭلار؛ چۈنكى
ئىنسانئوغلى سىلەر ئويلىمىغان ۋاقىت-سائەتتە قايتىپ كېلىدۇ.
41 پېترۇس ئۇنىڭدىن: — ئى رەب، سەن بۇ تەمسىلنى بىزگىلا قارىتىپ
ئېيتتىڭمۇ ياكى ھەممەيلەنگە قارىتىپمۇ؟ — دەپ سورىدى.
42 رەب مۇنداق دېدى:
خوجايىنى ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە مەسئۇل قىلىپ، ئۇلارغا
تېگىشلىك بولغان ئاشلىقنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەقسىم قىلىپ
بېرىشكە تەيىنلەيدىغان ئىشەنچلىك ۋە پەملىك غوجدار كىم

---

38:12 **«ئەگەر خوجايىن ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى جېسەكتە كەلسىمۇ، چاكارلىرىنىڭ شۇنداق ئويغاقلىقىنى كۆرسە، بۇ ئۇلارنىڭ بەختىدۇر!»** — يەھۇدىيلار كېچە ۋاقتىنى ھېسابلىغاندا ئۈچ جېسەك، رىملىقلار بولسا تۆت جېسەك دەپ ھېسابلايتتى.

**38:12** مات. 42:24.

39:12 **«ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئوغرىنىڭ كېچىدە قايسى ۋاقىتتا كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئويغاق تۇرۇپ ئوغرىنىڭ ئۆيگە تېشىپ كىرىشىگە ھەرگىز يول قويمايتتى!»** — مۇقەددەس يازمىلاردىكى كۆپ يەرلەردە پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىنىڭ «ئوغرىدەك» (كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا) كېلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

**39:12** مات. 43:24؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16.

**40:12** مات. 44:24؛ 13:25؛ مار. 33:13؛ لۇقا 34:21؛ 1تېس. 6:5.

بولىدۇ؟ 43خوجايىن ئۆيىگە قايتقاندا، چاكىرىنىڭ شۇنداق
قىلىۋاتقىنىنى ئۇستىگە كەلسە، بۇ چاكارنىڭ بەختىدۇر!
44مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، خوجايىن ئۇنى
پۈتۈن ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشقا قويىدۇ. 45لېكىن مۇبادا شۇ
چاكار كۆڭلىدە: «خوجايىنىم ھايال بولۇپ قالىدۇ» دەپ، باشقا
چاكارلار ۋە دېدەكلەرنى بوزەك قىلىشقا ۋە يەپ-ئىچىپ، مەست
بولۇشقا باشلىسا، 46شۇ چاكارنىڭ خوجايىنى كۈتۈلمىگەن بىر
كۈنى، ئويلىمىغان بىر ۋاقىتتا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى كېسىپ
ئىككى پارچە قىلىپ، ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى ئېتىقادسىزلار بىلەن
ئوخشاش تەقدىردە بېكىتىدۇ.
47ئەمدى خوجايىنىنىڭ ئىرادىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، تەييارلىنىپ
تۇرمىغان ۋە خوجايىنىنىڭ ئىرادىسى بويىچە قىلمىغان چاكار
بولۇشغا تاياق يەيدۇ. 48بىراق خوجايىنىنىڭ ئىرادىسىنى
بىلمەي تۇرۇپ، تاياق يېيىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى قىلغان
چاكار ئازراق تاياق يەيدۇ. كىمگە كۆپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن تەلەپ
قىلىنىدىغىنى كۆپ بولىدۇ. چۈنكى ئادەملەر كىمگە كۆپ ئامانەت
قويغان بولسا، ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىدىغىنىمۇ كۆپ بولىدۇ.

---

42:12 **«خوجايىنى ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە...»** — «ئۆيىدىكىلەر» مۇشۇ يەردە ئۆيدىكى خىزمەتكارلار ۋە چاكارلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ مۇشۇ يەردە كۆچمە مەنىسى خۇداغا تەۋەدىكىلەر، يەنى بارلىق ئىشەنگۈچىلەر دېگەنلىكتۇر. **«خوجايىنى ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە مەسئۇل قىلىپ، ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان ئاشلىقنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە تەيىنلەيدىغان ئىشەنچلىك ۋە پەملىك غوجىدار كىم بولىدۇ؟»** — شۈبھىسىزكى، رەب بۇ تەمسىلنى ھەممىدىن ئاۋۋال پېترۇسنىڭ ئۆز-ئۆزىگە تەتبىقلىشىنى خالىدى، ئاندىن قالغان روسۇللار، ئاندىن خۇدانىڭ بارلىق خىزمەتكارلىرىغا قارىتىپ ئېيتقان.

**42:12** مات. 45:24؛ 21:25؛ 1كور. 2:4.

**47:12** ياق. 17:4.

## مەسىھنىڭ تۇتاشتۇرماقچى بولغان ئوتى

مات. 10:34-36

[49] مەن يەر يۈزىگە ئوت تاشلاپ تۇتاشتۇرۇشقا كەلدىم ۋە بۇ ئوتنىڭ
تۇتىشىشىغا نەقەدەر تەقەززامەن! [50] لېكىن مەن ئالدى بىلەن بىر
چۆمۈلدۈرۈش بىلەن چۆمۈلدۈرۈلۈشۈم كېرەك ۋە بۇ چۆمۈلدۈرۈلۈشۈم
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە ئىنتايىن قىينىلىمەن! [51] سىلەر مېنى يەر
يۈزىگە تىنچلىق ئېلىپ كەلدىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ ياق،
مەن شۇنى سىلەرگە ئېيتايكى، تىنچلىق ئەمەس، بۆلۈنۈش ئېلىپ كەل
دىم! [52] چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىن، بىر ئۆيدىكى بەش كىشى بۆلۈنىدۇ؛
ئۈچى ئىككىسىگە قارشى ۋە ئىككىسى ئۈچىگە قارشى بۆلۈنىدۇ.
[53] ئاتا ئوغلىغا ۋە ئوغۇل ئاتىسىغا، ئانا قىزىغا ۋە قىز ئانىسىغا،
قېيىنئانا كېلىنىگە ۋە كېلىن قېيىنئانىسىغا قارشى تۇرىدۇ.

## خۇدانىڭ غەزىپىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بېشارەتلىك ئالامەتلەر

مات. 16:2-3

[54] ئەيسا يەنە توپلاشقان ئادەملەرگە مۇنداق دېدى:
سىلەر كۈنپېتىش تەرەپتىن بۇلۇتنىڭ چىققىنىنى كۆرسەڭلار، دەرھال
«يامغۇر ياغىدۇ» دەيسىلەر، ۋە دەرۋەقە شۇنداق بولىدۇ. [55] جەنۇب
تەرەپتىن شامالنىڭ چىققىنىنى كۆرسەڭلار، «ھاۋا ئىسسىيدۇ»
دەيسىلەر ۋە دەرۋەقە شۇنداق بولىدۇ. [56] ئەي ساختىپەزلەر! سىلەر يەر
بىلەن كۆكنىڭ رەڭگىنى پەرق ئېتەلەيسىلەر-يۇ، قانداقسىگە بۇ

---

50:12 **«مەن ئالدى بىلەن بىر چۆمۈلدۈرۈش بىلەن چۆمۈلدۈرۈلۈشۈم كېرەك ۋە بۇ چۆمۈلدۈرۈلۈشۈم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە ئىنتايىن قىينىلىمەن!»** — بۇ ئايەتتىكى «چۆمۈلدۈرۈش» شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ ئۆلۈمىدۇر. بۇ توغرۇلۇق «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. مۇشۇ چۆمۈلدۈرۈلۈشتىن كېيىن مۇقەددەس روھنىڭ ئوتى يەر يۈزىدە تۇتۇشتۇرۇلىدۇ. «روس.» 2-بابنى كۆرۈڭ!

**50:12** مات. 20:22؛ مار. 10:38؛ ئەف. 4:5

**51:12** مات. 10:34.

**53:12** مك. 7:6

زامانىنى پەرق ئېتەلمەيسىلەر؟!
[57] ئەمدى نېمىشقا قايسى ئىشلارنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئۆزۈڭلار
ھۆكۈم قىلىپ باقمايسىلەر؟! [58] چۈنكى دەۋاگىرىڭ بىلەن بىرگە
سوتچى ئالدىغا بارغىنىڭدا، ئۇنىڭ بىلەن يولدا كېتىۋاتقىنىڭدا،
ئۇنىڭ بىلەن ئارىنى ئوچۇق قىلىشقا ئىنتىلگىن؛ بولمىسا، ئۇ سېنى
سوتچىغا، سوتچى بولسا گۇندىپايغا تاپشۇرىدۇ ۋە گۇندىپاي سېنى
زىندانغا تاشلايدۇ. [59] مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، قەرزىڭنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى بىر تىيىنىنىمۇ قويماي تۆلىمىگۈچە، شۇ يەردىن
ھەرگىز چىقالمايسەن.

## تووۋا قىلىش ياكى ھالاك بولۇش

13 [1] شۇ چاغدا، بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭغا ۋالىي پىلاتۇسنىڭ
بىر قىسىم گالىلىيەلىكلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئۇلارنىڭ
قانلىرىنى ئۇلار قىلىۋاتقان ئىبادەتخانىدىكى قۇربانلىقنىڭ قانلىرى
بىلەن ئارىلاشتۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

---

**57:12** مات. 5:25-26

**59:12 «ئەڭ ئاخىرقى بىر تىيىنىنىمۇ قويماي تۆلىمىگۈچە»** ــ «تىيىن» گرېك تىلىدا «لەپتون» ــ پۇلنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى، شۇ دەۋردىكى بىر ئىشچىنىڭ كۈنلۈك ھەققى بولغان «دىنارىئۇس»نىڭ 1/128 قىسمى ئىدى. **«دەۋاگىرىڭ بىلەن بىرگە سوتچى ئالدىغا بارغىنىڭدا، ئۇنىڭ بىلەن يولدا كېتىۋاتقىنىڭدا، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ دوست بولۇشقا ئىنتىلگىن؛ .. بولمىسا... ... ئەڭ ئاخىرقى بىر تىيىنىنىمۇ قويماي تۆلىمىگۈچە، شۇ يەردىن ھەرگىز چىقالمايسەن»** ــ بۇ كۆپ ئەھۋاللىرىمىزغا ماس كېلىدىغان ئىنتايىن ئەمەلىي نەسىھەت، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇشۇ يەردە بەلكىم تەمسىل بولۇشى مۇمكىن؛ چۈنكى مەسىھنىڭ سۆزلىرىدە «ئەگەر... بولسا» دېگەن سۆز يوق. دېمەك، ئىسرائىللارنىڭ ئۇستىگە ئەرزى بار ئىدى؛ بۇ ئەرز قىلغۇچى بولسا بەلكىم خۇدا ئۆزىدۇر. ھازىر «ياراشتۇرۇلۇپ دوست بولۇش»نىڭ تووۋا قىلىش پۇرسىتى بولسىمۇ، ھەرھالدا ۋاقتى چەكلىكتۇر. تۆۋەندىكى 13-بابنىمۇ كۆرۈڭ.

**1:13 «... ۋالىي پىلاتۇسنىڭ ... ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئۇلار قىلىۋاتقان ئىبادەتخانىدىكى قۇربانلىقنىڭ قانلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرغانلىقى»** ــ ئايەتتە «ئىبادەتخانا» دېگەن سۆز يوق. بىراق قۇربانلىق قىلىش باشقا يەردە بولمايتتى. «...قانلىرىنى... قۇربانلىقنىڭ قانلىرى بىلەن

2 ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
ئۇلارنىڭ بۇ ئازابلارنى تارتقىنى ئۈچۈن بۇ گالىلىيەلىكلەرنى باشقا
گالىلىيەلىكلەردىن گۇناھى ئېغىر دەپ قاراامسىلەر؟ 3 مەن سىلەرگە
ئېيتايكى، ئۇنداق ئەمەس! بەلكى سىلەر تووۋا قىلمىساڭلار،
ھەممىڭلارمۇ ئوخشاش ئاقىۋەتتە ھالاك بولىسىلەر. 4 سىلوئام
مەھەللىسىدىكى مۇنار ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئون سەككىز كىشىنى
بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان، سىلەر ئۇلارنى يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقان
باشقىلاردىن قەبىھ، دەپ قاراامسىلەر؟ 5 مەن سىلەرگە ئېيتايكى، ئۇنداق
ئەمەس! بەلكى سىلەر تووۋا قىلمىساڭلار، ھەممىڭلارمۇ ئوخشاش
ئاقىۋەتتە ھالاك بولىسىلەر.

## تووۋا قىلماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى – مېۋە بەرمەيدىغان دەرەخ

6 ئاندىن ئۇ بۇ تەمسىلنى سۆزلەپ بەردى:
مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۈزۈمزارلىقىدا تىكىلگەن بىر تۈپ ئەنجۈر
دەرىخى بار ئىكەن. ئۇ ئۇ دەرەختىن مېۋە ئىزدەپ كەپتۇ، لېكىن
ھېچ مېۋە تاپالماپتۇ. 7 ئۇ باغۋەنگە: «قارا، ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ
ئەنجۈر دەرىخىدىن مېۋە ئىزدەپ كېلىۋاتىمەن، بىراق بىر تالمۇ مېۋە
تاپالمىدىم. ئۇنى كېسىۋەت! ئۇ نېمە دەپ يەرنى بىكاردىن-بىكار
ئىگىلەپ تۇرىدۇ؟» دەپتۇ. 8 لېكىن باغۋەن: «خوجايىن، ئۇنىڭغا يەنە
بىر يىل تەگمىگەيلا. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ تۈۋىدىكى تۇپراقنى
بوشىتىپ، ئوغۇتلاپ باقاي. 9 ئەگەر كېلەر يىلى مېۋە بەرسە، ياخشى
خوپ! بىراق بەرمىسە، كېسىۋەتكەيلا» دەپتۇ باغۋەن.

ئاربلاشتۇردى» ــ دېمەك، پىلاتۇس ئۇلارنى ئىبادەتخانىدا ئىبادەت ئۈستىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى.

3:13 **«ھەممىڭلار ئوخشاش ئاقىۋەتتە ھالاك بولىسىلەر»** ــ بۇ سۆز بەلكىم رىم ئىمپېرىيەسى مىلادىيە 10-يىلىدا يېرۇسالېم ۋە باشقا شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىشىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ دوزاخنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن. 5-ئايەتنىڭ مەنىسىمۇ شۇنداق.

4:13 **«سىلوئام»** ــ (ئىبرانىي تىلىدا «شىلوئاھ») يېرۇسالېمدىكى بىر مەھەللە. «نەھ.» 15:3 ۋە «يەش.» 6:8نى كۆرۈڭ. **«سىلەر ئۇلارنى يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقان باشقىلاردىن قەبىھ، دەپ قاراامسىلەر؟»** ــ «قەبىھ» مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا «قەرزدار» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

## شابات كۈنى دوك ئايالنى ساقايتىش

[10]بىر شابات كۈنى، ئۇ بىر سىناگوگتا تەلىم بېرىۋاتاتتى. [11]مانا
شۇ يەردە ئون سەككىز يىلدىن بېرى زەئىپلەشتۈرگۈچى بىر جىن
تەرىپىدىن تۈتۈلۈپ، دۈمچىيىپ ئۆرە تۇرالمايدىغان بىر ئايال بار
ئىدى. [12]ئەيسا ئۇنى كۆرگەندە، يېنىغا چاقىرىپ:
خانىم، سەن بۇ زەئىپلىكىڭدىن ئازاد بولدۇڭ! ــ دېدى. [13]ئاندىن ئۇ
قولىنى ئۇنىڭ ئۈچىسىغا قويۇۋىدى، ئايال دەرھال رۇسلىنىپ تىك
تۇرۇپ، خۇدانى ئۇلۇغلىدى.
[14]بىراق سىناگوگنىڭ چوڭى ئەيسانىڭ شابات كۈنى كېسەل
ساقايتقىنىدىن غەزەپلىنىپ، كۆپچىلىككە:
ئادەملەر ئىش قىلىش كېرەك بولغان ئالتە كۈن بار، شۇ كۈنلەردە كېلىپ
ساقايتىلىڭلار؛ لېكىن شابات كۈنىدە ئۇنداق قىلماڭلار، ــ دېدى.
[15]شۇڭا رەب ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
ئەي ساختىپەزلەر! ھەربىرىڭلار شابات كۈنى تورپاق ۋە ئېشىكىڭلارنى
ئوقۇردىن يېشىپ، سۇغارغىلى باشلىمامسىلەر؟! [16]ئەمدى شەيتان

---

11:13 **«... ئون سەككىز يىلدىن بېرى زەئىپلەشتۈرگۈچى بىر جىن تەرىپىدىن تۈتۈلۈپ...»** ــ «جىن» ــ گرېك تىلىدا «روھ». **«ئۆرە تۇرالمايدىغان بىر ئايال بار ئىدى»** ــ «ئۆرە تۇرالمايدىغان» گرېك تىلىدا «بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان».

14:13 **«سىناگوگنىڭ چوڭى ئەيسانىڭ شابات كۈنى كېسەل ساقايتقىنىدىن غەزەپلىنىپ...»** ــ ئۇنىڭ غەزەپلىنىشىنىڭ ئۈچ سەۋەبى بار ئىدى: (1) ئۇلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە ئايال كىشى سىناگوگنىڭ ئوتتۇرىغا كەلمەسلىكى كېرەك ئىدى (ئۇلار كەينىدە ئولتۇراتتى ياكى تۇراتتى)؛ (2) يەنە قائىدىلىرى بويىچە ئەر كىشى ئايال كىشىگە ھېچ تەگمەسلىكى كېرەك، ھەتتا ئادەتتە ناتونۇش ئايال كىشىگە گەپ قىلماسلىقى كېرەك ئىدى؛ (3) ئەيسا شابات كۈنىدە كېسەل ساقايتتى.

**14:13** مىس. 9:20؛ قان. 13:5؛ ئەز. 12:20.

15:13 **«ئەي ساختىپەزلەر! ھەربىرىڭلار شابات كۈنى تورپاق ۋە ئېشىكىڭلارنى ئوقۇردىن يېشىپ، سۇغارغىلى باشلىمامسىلەر؟! »** ــ بۇنى «ئىشلەش» ياكى «خىزمەت قىلىش» دەپ ھېسابلاشقا بولسىمۇ، ئىنسان بۇ زۆۋانسىز ھايۋانلارغا مۇشۇنداق «ئىنسانپەرۋەرلىك» كۆرسەتمىسە، تولىمۇ رەھىمسىزلىك بولاتتى. ئۇنداقتا ئىنسانغا رەھىم كۆرسىتىشكە بولمامدۇ؟!

**15:13** مىس. 5:23؛ قان. 4:22؛ لۇقا 5:14.

مانا ئون سەككىز يىل بوغۇپ كەلگەن، ئىبراھىمنىڭ بىر قىزى
بولغان بۇ ئايال دەل شابات كۈنىدە بۇ سىرتماقتىن بوشىتىلسا، بۇ
شابات كۈنىنىڭ يارىشىقى بولمامدۇ؟!
[17] ئۇ مۇشۇ سۆزنى قىلغاندا، ئۇنىڭغا قارشى چىققانلار خىجالەتكە
قالدى؛ بىراق خالايىق ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ئاجايىب ئىشلىرىدىن
شادلىنىپ يايرىدى.

## خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى ئۇرۇق
## ۋە خېمىرتۇرۇچقا ئوخشىتىدىغان تەمسىللەر

مات. 13:31-33؛ مار. 4:30-32

[18] ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:
خۇدانىڭ پادىشاھلىقى نېمىگە ئوخشايدۇ؟ مەن ئۇنى نېمىگە
ئوخشىتاي؟ [19] ئۇ گويا بىر تال قىچا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ؛ بىرسى
ئۇنى ئېلىپ ئۆز بېغىدا تېرىغانىدى؛ ئۇ ئۆسۈپ يوغان دەرەخ بولدى؛
ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلار كېلىپ ئۇنىڭ شاخلىرىدا ئۇۋىلىدى.

---

16:13 **«ئىبراھىمنىڭ بىر قىزى بولغان بۇ ئايال»** ــ «ئىبراھىمنىڭ قىزى» دېگەن ئىبارە ئايالنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە، شۇنداقلا بەلكىم ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئېتىقاد بولغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

18:13 مات. 13:31؛ مار. 4:30.

19:13 **«ئۇ ، يەنى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى گويا بىر تال قىچا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ»** ــ «قىچا ئۇرۇقى» ئاسىيادىكى بارلىق ئۇرۇقلار ئىچىدە ئەڭ كىچىكى. **«ئۇ ئۆسۈپ يوغان دەرەخ بولدى»** ــ ئادەتتە قىچا ئۆسۈپ يېتىلگەندە 2-3 مېترلىق كۆچەت بولىدۇ. لېكىن بۇ تەمسىلدۇر؛ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ بەزى جەھەتلىرى ئادەتتىن تاشقىرى بولىدۇ.
—ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، تەمسىللەردە «قۇشلار» ئادەتتە جىن-شەيتانلارنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، 5:8نى كۆرۈڭ).

20-21 ئۇ يەنە: ــ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى نېمىگە ئوخشىتاي؟ ئۇ خۇددى
ئېچىتقۇغا ئوخشايدۇ؛ بىر ئايال ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئۈچ جاۋۇر ئۇننىڭ
ئارىسىغا يوشۇرۇپ، تاكى پۈتۈن خېمىر بولغۇچە ساقلىدى، ــ دېدى.

## ھاياتنىڭ تار ئىشىكى

مات. 7:13-14، 21-23

22 ئەيسا يېرۇسالېمغا قاراپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يېسىپ
ئۆتكەن ھەرقايسى شەھەر-يېزىلاردا تەلىم بېرىپ ماڭدى. 23 بىرەيلەن
ئۇنىڭدىن:
ئى تەقسىر، قۇتقۇزۇلىدىغانلارنىڭ سانى ئازمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
ئەيسا كۆپچىلىككە مۇنداق جاۋاب بەردى:
24 ــ سىلەر تار ئىشىكتىن كىرىشكە كۈرەش قىلىڭلار. چۈنكى مەن
سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، نۇرغۇن ئادەملەر كىرەي دەپ ئىزدەنسىمۇ،
ئەمما كىرەلمەيدۇ. 25 ئۆينىڭ ئىگىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى
تاقىغاندىن كېيىن، سىلەر تاشقىرىدا تۇرۇپ ئىشىكنى قېقىپ: «رەب،
بىزگە ئاچقىن!» دەپ يالۋۇرغىلى تۇرغىنىڭلاردا، ئۇ سىلەرگە جاۋابەن:
«سىلەرنىڭ نەلىكىڭلارنى بىلمەيمەن» ــ دەيدۇ. 26 ئاندىن سىلەر: «بىز
سېنىڭ ئالدىڭدا يېگەن، ئىچكەن، سەنمۇ بىزنىڭ كوچىلىرىمىزدا
تەلىم بەرگەن» دېسەڭلار، 27 ئۇ يەنە جاۋابەن: «سىلەرنىڭ

---

**21-20:13 «ئۈچ جاۋۇر ئۇن»** ــ (ياكى «ئۈچ كۈرە ئۇن») گرېك تىلىدا «ئۈچ ساتون»، ئىبرانىي تىلىدا «ئۈچ سېئاھ». بىر «ساتون» 7 كىلوگرام ئىدى؛ بۇ خېلى كۆپ ئۇن بولۇپ، يۈز ئادەمنىڭ تاماقىغا يېتەتتى. «يار.» 6:18نى كۆرۈڭ.
—ئوقۇرمەنلەرگە يەنە ئايانكى، تەمسىللەردە «ئېچىتقۇ» ياكى «خېمىرتۇرۇچ» ئادەتتە يامان تەسىرلەر (تەكەببۇرلۇق، ساختىپەزلىك)نى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، 1:12نى كۆرۈڭ).

**20:13** مات. 33:13.

**21:13** يار. 6:18؛ چۆل. 8-9:15؛ مات. 33:13

**22:13** مات. 35:9؛ مار. 6:6.

**24:13** مات. 13:7.

**25:13** مات. 11:25، 12؛ لۇقا 46:6.

نەلىكىڭلارنى بىلمەيمەن، مەندىن نېرى كېتىڭلار، ئەي قەبىھلىك
قىلغۇچىلار!» دەيدۇ. [28] سىلەر ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ ۋە بارلىق
پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى،
ئۆزۈڭلارنىڭ سىرتقا تاشلىۋېتىلگىنىڭلارنى كۆرگىنىڭلاردا، يىغا-
زارلار كۆتۈرۈلىدۇ، چىشلار غۇچۇرلايدۇ. [29] ئۇ چاغدا، كىشىلەر مەشرىق
بىلەن مەغرىبتىن ۋە شىمال بىلەن جەنۇبتىن كېلىشىپ، خۇدانىڭ
پادىشاھلىقىدا داستىخاندا ئولتۇرىدۇ. [30] شۇنىڭ بىلەن مانا، شۇ
چاغدا ئالدىدا تۇرغانلاردىن ئارقىغا ئۆتىدىغانلار، ئارقىدا تۇرغانلاردىن
ئالدىغا ئۆتىدىغانلار بار بولىدۇ.

## ئەيسانىڭ يېرۇسالېمغا باغلىغان مېھىر-مۇھەببىتى

مات. 39-37:23

[31] دەل شۇ ۋاقىتتا بىرنەچچە پەرىسىيلەر ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ
ئۇنىڭغا:
مۇشۇ يەردىن چىقىپ ئۆزۈڭنى نېرىغا ئال. چۈنكى ھېرود سېنى
ئۆلتۈرمەكچى، ــ دېدى.

---

**27:13** زەب. 8:6؛ مات. 23:7؛ 12:25، 41.

**28:13** مات. 11:8، 12؛ 42:13؛ 51:24.

29:13 «**كىشىلەر مەشرىق بىلەن مەغرىبتىن ۋە شىمال بىلەن جەنۇبتىن كېلىشىپ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا داستىخاندا ئولتۇرىدۇ**» ــ «مەشرىق بىلەن مەغرىبتىن ۋە شىمال بىلەن جەنۇبتىن» كەلگەنلەر يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ. «ئولتۇرىدۇ» باشقا ئىزاھاتلاردا كۆرسىتىلگەندەك گرېك تىلىدا «ياتىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**29:13** يەش. 2:2؛ مال. 11:1؛ مات. 11:8.

30:13 «**ئالدىدا تۇرغانلاردىن ئارقىغا ئۆتىدىغانلار، ئارقىدا تۇرغانلاردىن ئالدىغا ئۆتىدىغانلار بار بولىدۇ**» ــ گرېك تىلىدا «ئاخىرقىلاردىن بىرىنچىسى بولىدىغانلار بار بولىدۇ، بىرىنچىلەردىن ئاخىرقىسى بولىدىغانلار بار بولىدۇ» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.
ــبۇ ئاجايىب ھەقىقەتنىڭ كۆپ جەھەتلىرى بار؛ بىراق روشەنكى، شۇ كۈندە خۇدا ئەسلى چاقىرغان يەھۇدىيلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا خىجالەتكە قالدۇرۇلىدۇ ۋە ئەسلى بۇتپەرەس بولغان يەھۇدىي ئەمەسلەر ئۇنىڭدا ئىززەتكە ئېرىشىدۇ.

**30:13** مات. 30:19؛ 16:20؛ مار. 31:10.

32 ئۇ ئۇلارغا:
بېرىپ شۇ تۈلكىگە ئېيتىڭلار: مانا مەن جىنلارنى ھەيدىۋېتىپ،
بۈگۈن ۋە ئەتە شىپا بېرەرمەن ۋە ئۈچىنچى كۈنى تاكامۇللاشتۇرۇلىمەن،
دەڭلار. 33 ھالبۇكى، بۈگۈن ۋە ئەتە ۋە ئۆگۈنلۈككە مېڭىپ يۈرۈشۈم
كېرەكتۇر؛ چۈنكى ھېچ پەيغەمبەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى يېرۇسالېمدىن
باشقا ھېچقانداق جايدا مۇمكىن بولماس.
34 ئەي يېرۇسالېم، يېرۇسالېم! پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرىدىغان ۋە ساڭا
ئەۋەتىلگەنلەرنى چالما-كېسەك قىلىدىغان شەھەر! مەن قانچە
قېتىملاپ مېكىيان ئۆز چۈجىلىرىنى قانات ئاستىغا ئالغاندەك
سېنىڭ بالىلىرىڭنى قوينۇمغا ئالماقچى بولدۇم، لېكىن سىلەر

32:13 **«ئۈچىنچى كۈنى تاكامۇللاشتۇرۇلىمەن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۈچىنچى كۈنى نىشانىمغا يېتىمەن» ياكى «ئۈچىنچى كۈنى ئىشلىرىمنى تامام قىلىمەن». لېكىن ئىشىنىمىزكى، تەرجىمىمىز گرېك تىلىغا سادىقتۇر. تۆۋەندىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«بېرىپ شۇ تۈلكىگە ئېيتىڭلار: مانا مەن جىنلارنى ھەيدىۋېتىپ، بۈگۈن ۋە ئەتە شىپا بېرەرمەن ۋە ئۈچىنچى كۈنى تاكامۇللاشتۇرۇلىمەن، دەڭلار»** ــ بۇ سىرلىق گەپنىڭ مەنىسى بەلكىم: «ماڭا قالغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خۇدا ماڭا بېكىتكەن پىلانى بويىچە سەندىن قورقماي ئىشلەۋېرىمەن. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەن خۇدادىن تاپشۇرۇۋالغان ۋەزىپەمنى تامام قىلىمەن ۋە شۇنداقلا ئۆزۈم «تاكامۇللاشتۇرۇلىمەن»» دېگەندەك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەسىھنىڭ «تاكامۇللاشتۇرۇلىمەن» دېگەن سىرلىق سۆزى، شۈبھىسىزكى، كۆپ جەھەتلىكتۇر. «ئىبر.» 10:2دە ئوخشاش ھەقىقەت تېپىلىدۇ ۋە «ئىبرانىيلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ توغرۇلۇق ئازراق توختىلىمىز.

33:13 **«ھالبۇكى، بۈگۈن ۋە ئەتە ۋە ئۆگۈنلۈككە مېڭىپ يۈرۈشۈم كېرەكتۇر»** ــ ئەيسا بۇ سۆزنى قىلغاندا تېخى گالىلىيە ئۆلكىسىدە ئىدى. ھېرودنىڭ يېرۇسالېم بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى، گالىلىيەنى ئىدارە قىلاتتى. شۇڭا بۇ 32-ئايەتتىكى سۆزنىڭ داۋامى: «مەنكى مەسىھ يېرۇسالېمغا بېرىشىم كېرەك، لېكىن ئۇنداق قىلىشىم ھېرودتىن قېچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ پىلانى بولغانلىقى ئۈچۈن» دېگەندەك مەنىدە. **«چۈنكى ھېچ پەيغەمبەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى يېرۇسالېمدىن باشقا ھېچقانداق جايدا مۇمكىن بولما.»** ــ بۇ كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ. بۇ «كاپىر» ھېرود خان گالىلىيەنى باشقۇرغىنى بىلەن مەسىھكە خەتىرى بولمايدۇ، لېكىن «خۇدانىڭ گۈزەل شەھىرى»دە تۇرۇۋاتقانلار ئاخىر بېرىپ ئەيسانى ئۆلتۈرىدۇ.
—بۇ جۈملىدىكى «مۇمكىن بولماس» دېگەننىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى: «ئەقىل يەتمەس».

خالىمىدىڭلار. [35] مانا ئۆيۈڭلار تاشلىنىپ ۋەيرانە بولۇپ قالدۇ؛
ۋە مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلەر «پەرۋەردىگارنىڭ
نامى بىلەن كەلگۈچىگە مۇبارەك بولغاي!» دېمىگۈچە، مېنى يەنە
كۆرەلمەيسىلەر.

## شابات كۈندە كېسەل ساقايتىش

14 [1] ۋە شۇنداق بولدىكى، بىر شابات كۈنى ئۇ پەرىسىيلەردىن
بولغان بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئۆيىگە غىزاغا باردى؛ ئەمدى
ئۇلار ئۇنى پايلاپ يۈرۈۋاتاتتى. [2] ۋە مانا، ئۇ يەردە سۇلۇق ئىششىق
كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر ئادەم بار ئىدى. [3] ئەيسا تەۋرات
ئەھلىلىرى ۋە پەرىسىيلەردىن:

---

34:13 **«ئەي «يېرۇسالېم، يېرۇسالېم!»** — مۇقەددەس كىتابتا، بىرسىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ياكى بىر جاينىڭ نامىنى تەكرار ئىككى قېتىم چاقىرىشى ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەزىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. **«مەن قانچە قېتىملاپ مېكيان ئۆز چۈجىلىرىنى قانات ئاستىغا ئالغاندەك سېنىڭ بالىلىرىڭنى قوينۇمغا ئالماقچى بولدۇم»** — «سېنىڭ بالىلىرىڭ» يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقان يەھۇدىي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**34:13** زەب. 8:17؛ 4:91؛ مات. 37:23.

35:13 **«مانا ئۆيۈڭلار تاشلىنىپ ۋەيرانە بولۇپ قالدۇ»** — «سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار» مۇشۇ بېشارەتتە: (1) مۇقەددەس ئىبادەتخانا (ئۇ كىنايىلىك بىلەن «خۇدانىڭ ئۆيى» دېمەيدۇ)؛ (2) پۈتكۈل ئىسرائىل جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى رىملىقلار مىلادىيە 70-يىلىدا كېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىنى ۋەيران قىلدۇ ۋە يەھۇدىي خەلقىنى دۇنيانىڭ ھەربىر بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا تارقىتىۋېتىدۇ. **«پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن كەلگۈچىگە مۇبارەك بولغاي!»** — بۇ بولسا يەھۇدىي خەلقىنىڭ مەسىھنى قارشى ئېلىشىدا دېيىشكە تېگىشلىك سۆزلەردۇر. مەسىھ يېرۇسالېمغا كىرگەندە گەرچە مەلۇم بىر قىسىم كىشىلەر شۇنداق سۆزنى قىلغىنى بىلەن («لۇقا» 28:19-48نى، بولۇپمۇ 38-ئايەتنى كۆرۈڭ)، (1) ئۇلارنىڭ ئۇنداق دېگەنلىرى ساپ ئېتىقادتىن بولمىغان؛ (2) پۈتۈن خەلق ئۇنداق دېگىنى يوق، بەلكى ئىشەنمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ مۇشۇ دۇنياغا قايتا كېلىشى، شۇنداقلا يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئۇنى قايتا كۆرۈشى ئۈچۈن پۈتكۈل خەلق ئاۋۋال ئۇنى «مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىمىز»، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن كەلگۈچى» دەپ ئېتىراپ قىلىشى كېرەكتۇر (بۇ بېشارەت «رىم.» 25:11-27، «زەك.» 7:12-14 ۋە باشقا يەرلەردە تېپىلىدۇ).

**35:13** زەب. 25:69؛ 26:118؛ يەش. 7:1؛ يەر. 34:7؛ مىك. 12:3؛ مات. 38:23؛ روس. 20:1.

شابات كۈنى كېسەل ساقايتىش تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ-يوق؟ ــ
دەپ سورىدى.
4 بىراق ئۇلار لام-جىم دېمىدى. ئۇ ھېلىقى كېسەلگە قولىنى تەگكۈزۈپ،
ساقايتىپ يولغا سالدى. 5 ئاندىن ئۇ ئۇلاردىن يەنە:
ئاراڭلاردىن بىرىڭلارنىڭ مۇبادا شابات كۈنىدە ئېشىكى يا كالىسى
قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى دەرھال تارتىپ چىقارمايدىغان زادى
كىم بار؟ ــ دەپ سورىدى.
6 ۋە ئۇلار ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھېچ جاۋاب بېرەلمىدى.

## خۇدا كىمنى يۇقىرى قىلىدۇ؟

7 ئەيسا چاقىرىلغان مېھمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە تۆردىن ئورۇنلارنى قانداق
تاللىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا مۇنداق بىر تەمسىلنى ئېيتىپ بەردى:
8 ــ بىرسى سېنى توي زىياپىتىگە تەكلىپ قىلسا، تۆردە ئولتۇرمىغىن.
بولمىسا، سەندىن ھۆرمەتلىكرەك بىرسى تەكلىپ قىلىنغان
بولسا، 9 ئۇ چاغدا سېنى ۋە ئۇنى چاقىرغان ساھىبخانا كېلىپ ساڭا:
«بۇ كىشىگە ئورۇن بەرگەيسىز» دەپ قالسا، سەن خىجالەتتە قېلىپ
پەگاھقا چۈشۈپ قالىسەن. 10 لېكىن سەن چاقىرىلغاندا، بېرىپ
پەگاھتا ئولتۇرغىن. شۇنىڭ بىلەن سېنى چاقىرغان ساھىبخانا
كېلىپ: «ئەي دوستۇم، يۇقىرىغا چىقىڭ» دېيىشى مۇمكىن ۋە شۇنىڭ
بىلەن سېنىڭ بىلەن داستىخاندا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
ئالدىدا ساڭا ئىززەت بولىدۇ. 11 چۈنكى ھەركىم ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتسا
تۆۋەن قىلىنىدۇ ۋە كىمدەكىم ئۆزىنى تەۋۆن تۇتسا ئۈستۈن قىلىنىدۇ.

---

5:14 **«ئاراڭلاردىن بىرىڭلارنىڭ مۇبادا شابات كۈنىدە ئېشىكى يا كالىسى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئېشىكى» ئەمەس، بەلكى «بالىسى» دەپ ئوقۇلىدۇ.

**5:14** مىس. 5:23؛ قان. 4:22؛ لۇقا 15:13.

9:14 **«... پەگاھقا چۈشۈپ قالىسەن»** ــ گرېك تىلىدا «... ئاخىرقى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىسەن»

**10:14** پەند. 6:25، 7.

**11:14** ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 51:1؛ 14:18؛ ياق. 6:4، 10؛ 1پېت. 5:5.

## ھەقىقىي مېھماندوستلۇقنىڭ يولى

[12] ئۇ ئۆزىنى مېھمانغا چاقىرغان ساھىبخانىغا مۇنداق دېدى:
مېھماننى تاماققا ياكى زىياپەتكە چاقىرغىنىڭدا، دوست-
بۇرادەر، قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقان ياكى باي قولۇم-قوشنىلىرىڭنى
چاقىرمىغىن. چۈنكى ئۇلارمۇ سېنى مېھمانغا چاقىرىپ،
مەرھەمىتىڭنى قايتۇرۇشى مۇمكىن. [13] شۇنىڭ ئۈچۈن زىياپەت
بېرەي دېسەڭ، غېرىب-غۇرۋا، مېيىپ-ناكار، ئاقساق-چولاق، كور-
ئەمالارنى چاقىرغىن [14] ۋە بەخت-بەرىكەت كۆرىسەن؛ چۈنكى ئۇ
كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭنى قايتۇرۇشىنىڭ ئامالى يوقتۇر. شۇنىڭ
بىلەن ھەققانىيلارنىڭ قايتا تىرىلگەن كۈنىدە قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە
قايتۇرۇلىدۇ.

## كاتتا زىياپەت توغرىسىدىكى تەمسىل

مات. 22:1-10

[15] ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇرغانلاردىن بىرى بۇ سۆزلەرنى
ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا:
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا غىزالانغۇچىلار نېمىدېگەن بەختلىك-ھە!
— دېدى.
[16] بىراق ئۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
بىر كىشى كاتتا زىياپەتكە تۇتۇش قىلىپ، نۇرغۇن مېھمانلارنى
چاقىرىپ قويۇپتۇ. [17] داستىخان سېلىنغان شۇ سائەتتە، چاكىرىنى
ئەۋەتىپ، چاقىرىلغان مېھمانلارغا: «مەرھەمەت، ھەممە نەرسە تەييار
بولدى!» دەپ ئېيتىپتۇ. [18] بىراق، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بارماسلىقتا
بىر-بىرلەپ ئۆزرە-باھانە كۆرسەتكىلى تۇرۇپتۇ. بىرىنچىسى

---

**12:14** نەھ. 8:10؛ پەند. 28:3.
**15:14** **«خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا غىزالانغۇچىلار...»** — گرېك تىلىدا «خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا نان يېگۈچىلەر...».
**16:14** يەش. 25:6؛ مات. 22:2؛ ۋەھ. 19:7، 9.

ئۇنىڭغا: «مەن ھېلىلا بىر پارچە يەر سېتىۋالغانىدىم، بېرىپ كۆرۈپ
كەلمىسەم بولمايدۇ. مېنى ئەپۇ قىلغايلا، بارالمايمەن» دەپتۇ. [19] يەنە
بىرى: «مەن بەش قوشلۇق ئۆكۈز سېتىۋالدىم، ھازىر بېرىپ ئۇلارنى
سىناپ كۆرۈشۈم كېرەك. مېنى ئەپۇ قىلغايلا، بارالمايمەن» دەپتۇ.
[20] يەنە بىرسى: «مەن يېڭى ئۆيلەنگەن، شۇڭا بارالمايمەن» دەپتۇ.
[21] چاكار قايتىپ كېلىپ، بۇ ئىشلارنى خوجايىنىغا مەلۇم قىپتۇ.
خوجايىن غەزەپلەنگەن ھالدا چاكىرىغا: «دەرھال شەھەرنىڭ چوڭ-
كىچىك كوچىلىرىغا كىرىپ، غېرىب-غۇرۋا، مېيىپ-ناكار، ئاقساق-
چولاق ۋە كور-ئەمالارنى مۇشۇ يەرگە يىغىپ كەل» دەپتۇ. [22] ئاندىن
چاكار قايتىپ كېلىپ: «خوجايىن، ئەمر بەرگىنىڭىزدەك ئادا قىلىندى،
ۋە يەنە بوش ئورۇن بار!» دەپتۇ. [23] شۇنىڭ بىلەن خوجايىن چاكارغا: —
«ئۆيۈم مېھمانلارغا تولۇش ئۈچۈن يېزىلاردىكى چوڭ-كىچىك يوللارنى،
مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ئۇدۇل كەلگەن ئادەمنى زورلاپ ئېلىپ
كەلگىن! [24] چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، باشتا چاقىرىلغان
ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى داستىخىنىمدىن تېتىمايدۇ»، دەپتۇ.

## مۇخلىس بولۇش شەرتلىرى

مات. 10:37-38

[25] ئەمدى توپ-توپ ئادەملەر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ
بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

---

18:14 **«مەن ھېلىلا بىر پارچە يەر سېتىۋالغانىدىم، بېرىپ كۆرۈپ كەلمىسەم بولمايدۇ. مېنى ئەپۇ قىلغايلا، بارالمايمەن»** — كىم يەرنى ئاۋۋال ياخشى كۆرمەي سېتىۋالسۇن؟

19:14 **«ھازىر بېرىپ ئۇلارنى سىناپ كۆرۈشۈم كېرەك»** — ياكى «ھازىر بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىشىم كېرەك». «بەش قوشلۇق ئۆكۈز» — گرېك تىلىدا: «بەش بويۇنتۇرۇق ئۆكۈز». دېمەك، بويۇنتۇرۇققا قېتىلغاندا بىر-بىرىگە ماس كېلىدىغان بەش جۈپ ئۆكۈز.
—ئەمدى كىم ئۆكۈزنى ئاۋۋال كۆرمەي سېتىۋالسۇن؟

23:14 **«يېزىلاردىكى چوڭ-كىچىك يوللارنى، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ،...»** — مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا «يېزىلاردىكى يوللاردىن ۋە چىتلىقلاردىن ئۆتۈڭلار،...» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، مېھمانلارنى ھەر بۇلۇڭ-پۇچقاقتىن ئەكىلىش كېرەك.

26ــ ماڭا ئەگەشكەنلەر ماڭا بولغان سۆيۈشلىرىدىن ئۆز ئاتىسى ۋە
ئانىسى، ئايالى ۋە باللىرى، ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە ئاچا-سىڭىللىرى،
ھەتتا ئۆز جېنىنىمۇ يامان كۆرمىسە ماڭا مۇخلىس بولالماس.
27كىمدەكىم ئۆزىنىڭ كرېستىنى يۈدۈپ ماڭا ئەگەشمىسە ئۇ ماڭا
مۇخلىس بولالماس. 28ئاراڭلاردىن بىرسى مۇنار سالماقچى بولسا،
ئالدى بىلەن ئولتۇرۇپ بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزگۈدەك خىراجەت ئۆزۈمدە
بارمۇ-يوق دەپ ھېساب قىلماسمۇ؟ 29-30ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇلنى
سېلىپ پۈتكۈزەلمىسە، كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مازاق قىلىپ: «بۇ
ئادەم بىنانى باشلاپ قويۇپ پۈتكۈزەلمىدى» ــ دېمەي قالمايدۇ.
31ياكى بىر پادىشاھ يەنە بىر پادىشاھ بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقسا
ئالدى بىلەن ئولتۇرۇپ: ــ مېنىڭ ئۈستۈمگە كېلىدىغان يىگىرمە
مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئىگىسىگە مەن ئون مىڭ ئەسكىرىم
بىلەن تاقابىل تۇرالارمەنمۇ؟ دەپ مۆلچەرلەپ كۆرمەمدۇ؟! 32ئەگەر
ئۇ «سوقۇشالمايمەن» دەپ ئويلىسا، دۈشمەن تېخى يىراقتىكى

---

**26:14 «ماڭا ئەگەشكەنلەر ... ئۆز ئاتىسى ۋە ئانىسى، ئايالى ۋە باللىرى، ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە ئاچا-سىڭىللىرى، ھەتتا ئۆز جېنىنىمۇ يامان كۆرمىسە ماڭا مۇخلىس بولالماس»** ــ مۇشۇ يەردە «يامان كۆرۈش» دېگەنلىكنىڭ مەنىسى، شۈبھىسىزكى، ئۆز ئادەملىرىگە بولغان مۇھەببەت خۇداغا باغلىغان مۇھەببەت ئالدىدا «يامان كۆرۈش»تەك كۆرۈنىدۇ. مىسال، «يار.» 29:30-31نى كۆرۈڭ.

**26:14** قان. 7:13؛ 9:33؛ مات. 37:10.

**27:14 «كىمدەكىم ئۆزىنىڭ كرېستىنى يۈدۈپ ماڭا ئەگەشمىسە ئۇ ماڭا مۇخلىس بولالماس»** ــ رىملىقلار تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر مىخلىنىدىغان كرېستىنى مۇرىسىدە كۆتۈرۈپ جازا مەيدانىغا باراتتى. «كرېستلىنىش» ئادەمنى قىينايدىغان، ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋە ئاھانەتلىك ئۆلۈم جازا ئۇسۇلى بولۇپ، «ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈش» دېگەننىڭ مەنىلىرى تۆۋەندىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن: (1) ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشقا، (2) تىل-ئاھانەت ئىشتىشكە، (3) خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا، «ئۆز-ئۆزىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغاندەك» ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى رەت قىلىشقا تەييار بولۇش.

**27:14** مات. 38:10؛ 24:16؛ مار. 34:8؛ لۇقا 23:9.

**31:14 «... مۆلچەرلەپ كۆرمەمدۇ؟! »** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... مەسلىھەت قىلمامدۇ؟».

چاغدا ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈلھ شەرتلىرىنى سورايدۇ. [33]شۇنىڭغا
ئوخشاش، سىلەردىن كىمدەكىم كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بار-يوقى بىلەن
خوشلاشمىسا، ماڭا مۇخلىس بولالماس.
[34]تۇز ياخشى نەرسىدۇر؛ ھالبۇكى، تۇز ئۆز تەمىنى يوقاتسا، ئۇنىڭغا
قايتىدىن تۇز تەمىنى قانداقمۇ كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟ [35]ئۇ تۇپراققا
ئىشلىتىشكە ياكى ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇشقىمۇ يارىماي، تالاغا
تاشلىنىدۇ. ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن!

## يوقالغان قوي ۋە ياخشى پادىچى توغرىسىدىكى تەمسىل

مات. 18:12-14

15 [1]ئەمدى باجگىرلار ۋە باشقا گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشماقتا ئىدى.
[2]لېكىن پەرىسىيلەر بىلەن تەۋرات ئۇستازلىرى غوتۇڭشۇپ:
بۇ ئادەم گۇناھكارلارنى قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ھەمداستىخان
ئولتۇرىدۇ! ــ دېيىشتى. [3]شۇڭا ئۇ ئۇلارغا مۇنۇ تەمسىلنى سۆزلەپ
بەردى:

---

**33:14 «شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەردىن كىمدەكىم كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بار-يوقى بىلەن خوشلاشمىسا، ماڭا مۇخلىس بولالماس.»** ــ بۇ كۆچلۈك سۆز توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**34:14 «تۇز ياخشى نەرسىدۇر؛ ھالبۇكى، تۇز ئۆز تەمىنى يوقاتسا، ئۇنىڭغا قايتىدىن تۇز تەمىنى قانداقمۇ كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟»** ــ تۇز بولسا (1) تەم بېرىدۇ؛ (2) چىرىپ كېتىشتىن توسىدۇ؛ (3) زەخىم-يارىلارنى ساقايتىدۇ. مۇخلىسلارنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان رولى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىشى كېرەك.

**34:14** مات. 5:13؛ مار. 9:50.

**35:14 «ئۇ تۇز تۇپراققا ئىشلىتىشكە ياكى ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇشقىمۇ يارىماي، تالاغا تاشلىنىدۇ»** ــ مۇشۇ يەردىكى «تۇز» دېگەن تېما ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز

**1:15** مات. 9:10؛ مار. 2:15؛ لۇقا 5:29.

**3:15 «شۇڭا ئۇ ئۇلارغا مۇنۇ تەمسىلنى سۆزلەپ بەردى...»** ــ «مۇشۇ تەمسىل»: ــ **بىر** تەمسىل، دېمەك. 15-بابتا ئۈچ تەمسىلدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۈچ تەمسىل پەقەت بىرلا مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنى «بىرلا تەمسىل» دەپ قارايمىز.

[4]— ئەگەر ئاراڭلاردا بىرەيلەننىڭ يۈز تۇياق قويى بولۇپ، ئۇلاردىن
بىرى يىتىپ كەتسە، توقسان توققۇزىنى چۆلدە قويۇپ قويۇپ يىتىپ
كەتكىنىنى تاپقۇچە ئىزدىمەمسۇ؟ [5]ئۇنى تېپىۋالغاندا، شادلانغان
ھالدا مۈرىسىگە ئارتىدۇ؛ [6]ئاندىن ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، يار-
بۇرادەرلىرى بىلەن قولۇم-قوشنىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: «مەن
يىتكەن قويۇمنى تېپىۋالدىم، مېنىڭ بىلەن تەڭ شادلىنىڭلار!»
دەيدۇ. [7]مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، شۇنىڭغا ئوخشاش، توۋۋا
قىلىۋاتقان بىر گۇناھكار ئۈچۈن ئەرشتە زور خۇرسەنلىك بولىدۇ؛
بۇ خۇرسەنلىك تووۋغا موھتاج بولمىغان توقسان توققۇز ھەققانىي
كىشىدىن بولغان خۇرسەنلىكتىن كۆپ ئارتۇقتۇر.

## يىتتىرگەن تەڭگە توغرىسىدىكى تەمسىل

[8]— ياكى بىر ئايالنىڭ ئون كۈمۈش دىنارى بولۇپ، بىر دىنارنى
يوقىتىپ قويسا، چىراغنى يېقىپ، تاكى ئۇنى تاپقۇچە ئۆينى
سۈپۈرۈپ، زەن قويۇپ ئىزدىمەمسۇ؟ [9]ئۇنى تاپقاندا يار-بۇرادەر،
قولۇم-قوشنىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: «مېنىڭ بىلەن تەڭ
شادلىنىڭلار، چۈنكى مەن يوقىتىپ قويغان دىنارىمنى تېپىۋالدىم»
— دەيدۇ. [10]مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، شۇنىڭغا ئوخشاش
توۋۋا قىلىۋاتقان بىر گۇناھكار ئۈچۈن خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ
ئارىسىدا خۇرسەنلىك بولىدۇ.

---

**7:15** لۇقا 5:32.

**8:15** **«بىر ئايالنىڭ ئون كۈمۈش دىنارى بولۇپ...»** — «كۈمۈش دىنار» بولسا گرېك تىلىدا «دراقما». «دراقما» بىر دىنارغا باراۋەر بولغان پۇل بىرلىكى.

**10:15** **«توۋۋا قىلىۋاتقان ...»** — توۋۋا قىلىش ئەمەلىيەتتە (مەيلى ناھايىتى قىسقا بولسۇن) بىر جەريان، ئەلۋەتتە. **«خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ئارىسىدا»** — گرېك تىلىدا «خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ئالدىدا». بۇ ئىبارىدىن پۈرىتىلىدۇكى، خۇدا ئۆزى «تەڭگىسىنى تاپقان ئايال»دەك خۇرسەن بولىدۇ ۋە پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭ خۇرسەنلىكىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ.

## مېھىر-شەپقەتلىك ئاتا توغرىسىدىكى تەمسىل

[11] ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:
مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. [12] كىچىك ئوغلى
ئاتىسىغا: «ئەي ئاتا، مال-مۈلۈكتىن تېگىشلىك ئۈلۈشۈمنى ھازىرلا
ماڭا بەرگىن» دەپ ئېيتىپتۇ. ۋە ئۇ ئۆز مال-مۈلۈكلىرىنى ئىككىسىگە
تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ. [13] ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كىچىك ئوغلى بار-يوقىنى
يىغىشتۇرۇپ، يىراق بىر يۇرتقا سەپەر قىلىپتۇ. ئۇ ئۇ يەردە ئەيش-
ئىشرەتلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈپ مال-دۇنياسىنى بۇزۇپ-
چېچىپتۇ. [14] دەل ئۇ بار-يوقىنى سەرپ قىلىپ تۈگەتكەن ۋاقتىدا،
ئۇ يۇرتتا قاتتىق ئاچارچىلىق بولۇپ، ئۇ خېلىلا قىسىلچىلىقتا قاپتۇ.
[15] شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېرىپ، شۇ يۇرتنىڭ بىر پۇقراسىغا مەدىكار بولۇپ
ياللىنىپتۇ؛ ئۇ ئۇنى ئېتىزلىقىغا چوشقا بېقىشقا ئەۋەتىپتۇ. [16] ئۇ
ھەتتا قورسىقىنى چوشقىلارنىڭ يېمى بولغان پۇرچاق پوستى بىلەن
تويغۇزۇشقا تەقەززا بوپتۇ؛ لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا ھېچنەرسە
بەرمەپتۇ.
[17] ئاخىر بېرىپ ئۇ ھوشىنى تېپىپ: «ئاتامنىڭ شۇنچە كۆپ
مەدىكارلىرىنىڭ ئالدىدىن يېمەك-ئىچمەك ئېشىپ-تېشىپ

---

12:15 **«ئەي ئاتا، مال-مۈلۈكتىن تېگىشلىك ئۈلۈشۈمنى ھازىرلا ماڭا بەرگىن»** — دېمىسەكمۇ، بۇنداق تەلەپ ئېغىر ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ. **«ئۇ ئۆز مال-مۈلۈكلىرىنى ئىككىسىگە تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ»** — «ئۆز مال-مۈلۈكلىرى» گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ ھاياتىنى» ياكى «ئۇنىڭ تىرىكچىلىكىنى».
—تەۋرات قانۇنى بويىچە تۇنجى ئوغلىغا تەقسىم قىلىنىغان مىراس كەنجىسىنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدۇ.
13:15 **«ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كىچىك ئوغلى بار-يوقىنى يىغىشتۇرۇپ، يىراق بىر يۇرتقا سەپەر قىلىپتۇ»** — «ئۇزۇن ئۆتمەيلا» (گرېك تىلىدا «كۆپ كۈن ئۆتمەيلا») — كەنجى ئوغۇل تەلىپى تۇيۇقسىز جەمئىيەت ئالدىدا ئىنتايىن نەپرەتلىك بولاتتى.
15:15 **«...شۇ يۇرتنىڭ بىر پۇقراسىغا مەدىكار بولۇپ ياللىنىپتۇ»** — گرېك تىلىدا «»... شۇ يۇرتنىڭ بىر پۇقراسىغا قاتنىشىپتۇ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ئۇ ئۇنى ئېتىزلىقىغا چوشقا بېقىشقا ئەۋەتىپتۇ»** — دېمىسەكمۇ، بۇ چوشقىلارنىڭ ئىگىسى يەھۇدىي ئەمەس؛ بۇنداق خىزمەت يەھۇدىي يىگىتكە نىسبەتەن ئىنتايىن يىرگىنچلىك بولاتتى.

تۇرىدۇ؛ لېكىن مەن بولسام بۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم!
[18] ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ئەي ئاتا، مەن
ئەرشنىڭ ئالدىدىمۇ ۋە سېنىڭ ئالدىڭدىمۇ گۇناھ قىلدىم. [19] ئەمدى
سېنىڭ ئوغلۇڭ ئاتىلىشقا لايىق ئەمەسمەن. مېنى مەدىكارلىرىڭ
سۈپىتىدە قوبۇل قىلغايسەن! ــ دەيمەن» دەپ ئويلاپتۇ. [20] شۇنىڭ
بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ مېڭىپتۇ. لېكىن
ئاتىسى يىراقتىنلا ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىتىپ، ئالدىغا
يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۇنى سۆيۈپ كېتىپتۇ.
[21] ئوغلى: «ئاتا، مەن ئەرشنىڭ ئالدىدىمۇ، سېنىڭ ئالدىڭدىمۇ گۇناھ
قىلدىم. ئەمدى سېنىڭ ئوغلۇڭ ئاتىلىشقا لايىق ئەمەسمەن» ــ
دەپتۇ. [22] بىراق ئاتىسى چاكارلىرىغا: «دەرھال ئەڭ ئېسىل تونىنى
ئەكېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈرۈڭلار، قولىغا ئۈزۈك سېلىڭلار، پۇتلىرىغا
ئاياغ كىيدۈرۈڭلەر؛ [23] ۋە بورداق تورپاقنى ئەكېلىپ سويۇڭلار؛ ئاندىن
ئوبدان يەپ، راۋۇرۇس تەبرىكلەيلى! [24] چۈنكى مېنىڭ بۇ ئوغلۇم
ئۆلگەنىدى، تىرىلدى، يىتىپ كەتكەنىدى، تېپىلدى!» ــ دەپتۇ.
ئاندىن ئۇلار تەبرىكلەشكىلى باشلاپتۇ.
[25] ئەمدى چوڭ ئوغلى ئېتىزغا كەتكەنىكەن. ئۇ قايتىپ كېلىۋېتىپ
ئۆيگە يېقىن كەلگەندە نەغمە-ناۋا بىلەن ئۇسسۇلنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلاپتۇ. [26] ئۇ چاكارلاردىن بىرىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش
بولۇۋاتقىنىنى سوراپتۇ.
[27] چاكار ئۇنىڭغا: ئۇكاڭ كەلدى ۋە ئاتاڭ ئۇنى ساق-سالامەت
تېپىۋالغانلىقى ئۈچۈن بورداق تورپاقنى سويدى» دەپتۇ. [28] لېكىن
چوڭ ئوغلى خاپا بولۇپ، ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىماپتۇ. ۋە ئاتىسى

20:15 **«ئاتىسى يىراقتىنلا ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىتىپ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ...»** ــ دېمىسەكمۇ، بۇ ئاتىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا يۈگۈرۈشى، ۋە شۇنداقلا بۇنى ئاز دەپ ئوغلىنى قارشى ئېلىشقا يۈگۈرۈشى «مۆتىۋەر كىشىنىڭ سالاپىتىگە مۇۋاپىق ئەمەس» دەپ قارىلاتتى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**20:15** روس. 39:2؛ ئەف. 17:2، 12.

چىقىپ ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. [29]ئەمما ئۇ ئاتىسىغا جاۋاب بېرىپ: «قارا! مەن شۇنچە يىلدىن بېرى قۇلدەك خىزمىتىڭدە بولدۇم، ئەسلا ھېچبىر ئەمرىڭدىن چىقىپ باقمىدىم. بىراق سەن ماڭا ئەل-ئاغىنىلىرىم بىلەن خۇش قىلغىلى ھېچقاچان بىرەر ئوغلاقمۇ بەرمىدىڭ! [30]لېكىن سېنىڭ مال-مۈلۈكلىرىڭنى پاھىشىلەرگە خەجلەپ تۈگەتكەن بۇ ئوغلۇڭ قايتىپ كەلگەندە، سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بورداق تورپاقنى سويۇپسەن» ــ دەپتۇ. [31]بىراق ئاتىسى يەنە ئۇنىڭغا: «ئەي ئوغلۇم، سەن ھەردائىم مېنىڭ يېنىمدىسەن ۋە مېنىڭ بارلىقىم سېنىڭكىدۇر. [32]ئەمدى تەبرىكلەپ شادلىنىشقا لايىقتۇر؛ چۈنكى بۇ سېنىڭ ئۇكاڭ ئۆلگەنىدى، تىرىلدى، يوقىلىپ كەتكەنىدى، تېپىلدى» ــ دەپتۇ.

## ئالدامچى غوجىدار توغرىسىدىكى تەمسىل ـ دۇنيادىكى بايلىقنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟

16 [1]ئۇ مۇخلىسلىرىغا يەنە مۇنداق دېدى:
بىر باينىڭ بىر غوجىدارى بار ئىكەن. بىرسى بايغا: «بۇ غوجىدارىڭىز مال-مۈلكىڭىزنى بۇزۇپ چاچتى» دەپ شىكايەت قىپتۇ. [2]ئۇ غوجىدارنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «مېنىڭ سېنىڭ توغراڭدا ئاڭلىغانلىرىم زادى قانداق گەپ؟ غوجىدارلىقىڭدىكى ھېساب-كىتابنى ئېنىق تاپشۇر؛ چۈنكى مۇندىن كېيىن سەن غوجىدار بولمايسەن» ــ دەپتۇ. [3]غوجىدار ئەمدى ئۆز ئىچىدە: «نېمە قىلاي؟ چۈنكى خوجايىنىم مېنى غوجىدارلىقتىن مەھرۇم قىلدۇ.

---

30:15 **«سېنىڭ مال-مۈلۈكلىرىڭنى پاھىشىلەرگە خەجلەپ تۈگەتكەن»** ــ گرېك تىلىدا «سېنىڭ مال-مۈلۈكلىرىڭنى پاھىشىلەرگە خەجلەپ يەۋەتكەن».

32:15 **«ئەمدى تەبرىكلەپ شادلىنىشقا لايىقتۇر؛ چۈنكى بۇ سېنىڭ ئۇكاڭ ئۆلگەنىدى، تىرىلدى، يوقىلىپ كەتكەنىدى، تېپىلدى»** ــ 15-بابتىكى ئۈچ قىسمىلىق تەمسىلنىڭ مول تەلىمى ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

كەتمەن چاپاي دېسەم ئۇنچىلىك ماغدۇر يوق، تىلەمچىلىك قىلاي
دېسەم نومۇس قىلىمەن. ٤ھە، تاپتىم! غوجىدارلىقتىن قالغىنىمدا
كىشىلەرنىڭ مېنى ئۆيلىرىگە قارشى ئېلىشى ئۈچۈن، نېمە
قىلىشىمنى ئەمدى بىلدىم» دەپ ٥ئۆز خوجايىنىغا قەرزدار
بولغانلارنى بىردىن-بىردىن چاقىرىپ كېلىپ، بىرىنچىسىدىن:
«خوجايىنىمغا قانچىلىك قەرزىڭىز بار؟» دەپ سوراپتۇ. ٦ۋە قەرزدار:
«يۈز تۇڭ زەيتۇن مېيى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. غوجىدار ئۇنىڭغا:
«مانا، ھېسابات دەپتىرىڭىزنى ئېلىپ، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئەللىك
تۇڭغا ئۆزگەرتىۋېتىڭ!» دەپتۇ.
٧ئاندىن ئۇ يەنە بىرىگە: «سىزچۇ، قانچىلىك قەرز بولدىڭىز؟»
دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «يۈز كۇرە بۇغداي» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. غوجىدار
ئۇنىڭغا: «ھېسابات دەپتىرىڭىزنى ئېلىپ سەكسەن كۇرىگە
ئۆزگەرتىۋېتىڭ!» دەپتۇ.
٨شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خوجايىنى سەممىيەتسىز غوجىدارنىڭ بۇ
ئىشتىكى پەملىكلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ماختاپتۇ.
چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز دەۋرىدە نۇرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن
پەملىكتۇر. ٩ۋە مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، «ناھەق

---

6:16 **«يۈز تۇڭ زەيتۇن مېيى»** ــ مۇشۇ يەردە بىر «تۇڭ» (گرېك تىلىدا «بات») 30 لېتر ئىدى. دېمەك، بۇ زەيتۇن مېيى 3000 لىتر بولۇپ شۇ چاغدىكى ئاددىي ئىشچىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەققى (1000 دىنار) بولاتتى. **«غوجىدار ئۇنىڭغا: مانا، ھېسابات دەپتىرىڭىزنى ئېلىپ، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئەللىك تۇڭغا ئۆزگەرتىۋېتىڭ!» دەپتۇ»** ــ غوجىدار نېمە قىلدى؟ بەلكىم تۆت مۇمكىنچىلىكى بار: ــ (1) ئۇ قەرزدارنىڭ ھالىغا قاراپ قەرز مىقدارىنى كېمەيتىۋەتتى؛ (2) ئۇ ئۆسۈمنى يوققا چىقىرىۋەتتى؛ (3) ئۇ ئۆزىنىڭ شېرىنكانىسى («كومىسسىئون»)نى ھېسابتىن چىقىرىۋەتتى؛ (4) بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. رەببىمىز غوجىدارنى «سەممىيەتسىز» دەپ ئاتايدۇ (8-ئايەت). لېكىن ئۇنىڭ بۇ «سەممىيەتسىزلىكى» غوجىدارلىقىدىكى بۇرۇنقى ئىشلارنى كۆرسىتەمدۇ؟ ياكى ھازىرقى ھەرىكەتلىرىنىمۇ؟ بىزنىڭچە، ئۇنىڭ قىلغىنىنى چوقۇم قەرزنىڭ مىقدارىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەپ قارايمىز.
7:16 **«يۈز كۇرە بۇغداي»** ــ مۇشۇ يەردە بىر كۇرە (ئىبرانىي تىلىدا «كور» 390 لىترنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ چوڭ قەرز ئىدى ــ بەلكىم 30 توننا بۇغداي، ئاددىي ئىشچىنىڭ ئون يىللىق ھەققى (3000 دىنار) بولاتتى.
8:16 **«بۇ دۇنيانىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز دەۋرىدە نۇرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن پەملىكتۇر»** ــ

**دۇنياغا تەۋە مال-دۇنيا» ئارقىلىق ئۆزۈڭلارغا دوست تۇتۇڭلار؛ شۇنداق**
**قىلساڭلار، مال-دۇنيا كارغا كەلمەيدىغان بولغان كۈندە شۇ دوستلار**
**سىلەرنى ئەبەدىي ماكانلارغا قارشى ئالىدۇ.**
**[10] كىمكى كىچىككىنە ئىشتا سادىق بولسا، چوڭ ئىشتىمۇ سادىق**
**بولىدۇ؛ ۋە كىمكى كىچىككىنە ئىشتا سەممىيەتسىز بولسا، چوڭ**
**ئىشتىمۇ سەممىيەتسىز بولىدۇ. [11] شۇڭا ئەگەر «ناھەق دۇنياغا تەۋە**
**بولغان مال-دۇنيا»دا سادىق بولمىساڭلار، كىم سىلەرگە ھەقىقىي**
**بايلىقلارنى تاپشۇرسۇن؟ [12] ۋە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىدە سادىق**
**بولمىساڭلار كىم سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ نەرسىسىنى بەرسۇن؟**

---

«بۇ دۇنيانىڭ پەرزەنتلىرى» خۇدانى تونۇمايدىغان ئېتىقادسىز ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ؛ «نۇرنىڭ پەرزەنتلىرى» خۇدانىڭ نۇرىنى قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا «نۇردا ياشاۋاتقان» «خۇدانىڭ روھىدىن تۇغۇلغان» روھىي پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

—بۇ تەمسىل توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

9:16 **««ناھەق دۇنياغا تەۋە مال-دۇنيا» ئارقىلىق ئۆزۈڭلارغا دوست تۇتۇڭلار»** — «ناھەق دۇنياغا تەۋە مال-دۇنيا» گرېك تىلىدا «ناھەق ماممون». نېمىشقا «ناھەق» دەيدۇ؟ بىزنىڭچە (1) شەخسىي، يەنى خۇسۇسىي مال-دۇنيا، جۇملىدىن پۇلنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئادەمئاتىمىزنىڭ سادىر قىلغان گۇناھىنىڭ بىر نەتىجىسىدۇر؛ (2) ئادەمدىكى كۆپىنچى مال-دۇنيا، بايلىقلار بولسا، خۇدادىن قورقمايدىغان گۇناھكارلارنىڭ قولىدىدۇر. بىز يەنىلا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ قىزىق سۆز ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز. **«شۇنداق قىلساڭلار، مال-دۇنيا كارغا كەلمەيدىغان بولغان كۈندە شۇ دوستلار سىلەرنى ئەبەدىي ماكانلارغا قارشى ئالىدۇ»** — دېمەك، ئۆز بايلىقىڭلار بىلەن ياردەمگە موھتاج بولغانلارغا ياردەم بېرىڭلار؛ شۇ يول بىلەن ئۇلار سىلەرگە دوست بولىدۇ ۋە پانىي دۇنيادىن كەتكىنىڭلاردا ئۇلار باقىي دۇنيادا سىلەرنى قارشى ئېلىشقا كۈتىدىغان بولىدۇ.

**9:16** مات. 19:6؛ 21:19؛ 1تىم. 19:6.

10:16 **«كىمكى كىچىككىنە ئىشتا سەممىيەتسىز بولسا، چوڭ ئىشتىمۇ سەممىيەتسىز بولىدۇ»** — ياكى «كىمكى كىچىككىنە ئىشتا ئىشەنچسىز بولسا، چوڭ ئىشتىمۇ ئىشەنچسىز بولىدۇ».

11:16 **««ناھەق دۇنياغا تەۋە بولغان مال-دۇنيا»دا سادىق بولمىساڭلار، كىم سىلەرگە ھەقىقىي بايلىقلارنى تاپشۇرسۇن؟»** — دېمەك، بۇ ئالەمدىكى مال-دۇنيا بولسا خۇدا ئالدىدا «كىچىككىنە بىر ئىش» (10-ئايەتنى كۆرۈڭ)، خالاس.

12:16 **«ۋە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىدە سادىق بولمىساڭلار كىم سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ نەرسىسىنى بەرسۇن؟»** — بۇ جۈملە توغرۇلۇقمۇ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

[13] ھېچكىم ئىككى خوجايىنغا تەڭ خىزمەت قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ
ياكى بۇنى يامان كۆرۈپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ياكى بۇنىڭغا ئۆزىنى
پۈتۈنلەي بېغىشلاپ، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارايدۇ. شۇنىڭغا
ئوخشاش، سىلەرنىڭمۇ بىرلا ۋاقىتتا ھەم خۇدانىڭ، ھەم مال-
دۇنيانىڭ قۇللۇقىدا بولۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمەس.
[14] ئەمدى پەرىسىيلەر (ئۇلار پۇلغا ئامراق ئىدى) بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى ئاڭلاپ ئەيسانى مەسخىرە قىلىشتى. [15] ۋە ئۇ ئۇلارغا
مۇنداق دېدى: ــ «سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ھەققانىي
قىلىپ كۆرسەتكۈچىدۇرسىلەر؛ لېكىن خۇدا قەلبىڭلارنى بىلىدۇ.
چۈنكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قەدىرلىنىدىغىنى خۇدانىڭ نەزىرىدە
يىرگىنچلىكتۇر.
[16] تەۋرات قانۇنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى چۆمۈلدۈرگۈچى
يەھياغىچە ھىدايەت بولۇپ كەلدى؛ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ خۇدانىڭ
پادىشاھلىقىنىڭ خۇش خەۋىرى جاكارلىنىپ كېلىۋاتىدۇ؛
پادىشاھلىققا كىرمەكچى بولغانلارنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭغا بۆسۈپ
كىرىۋېلىشى كېرەكتۇر. [17] لېكىن ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ يوق
قىلىۋېتىلىشى تەۋراتنىڭ بىر چېكىتى بىكار قىلىنىشتىن

**13:16** مات. 24:6.

**14:16 «ئەمدى پەرىسىيلەر ... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ ئەيسانى مەسخىرە قىلىشتى»** ــ نېمىشقا پەرىسىيلەر ئەيسانى مەسخىرە قىلىشتى؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىچە، خۇدانى خۇرسەن قىلغان، شۇنداقلا خۇدا بەرىكەتلىگەن ئادەمنىڭ جەزمەن كۆپ بايلىقى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەسىھ ئۇلارغا تۆۋەندىكى (19:16-31-ئايەتتىكى) تارىخنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

**14:16** مات. 14:23.

**15:16** 1سام. 7:16؛ زەب. 9:7

**16:16 «پادىشاھلىققا كىرمەكچى بولغانلارنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭغا بۆسۈپ كىرىۋېلىشى كېرەكتۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭغا كىرىشكە قەتئىي دەۋەت قىلىنماقتا». بىزنىڭچە بۇ 16-17-ئايەتلەر، شۇنداقلا «مات.» 12:11-14-ئايەتلەر ۋە «مك.» 12:2-13-ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. «مىكاھ»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

**16:16** مات. 12:11، 13.

ئاساندۇر.
[18] ــ ھەر كىم ئۆز ئايالىنى تالاق قىلىپ باشقا بىرىنى ئالسا زىنا
قىلغان بولىدۇ ۋە كىمكى ئۆز ئېرىدىن تالاق قىلىنغاننى ئالسا زىنا
قىلغان بولىدۇ».

## باي بىلەن تىلەمچى لازارۇس

[19] ــ بۇرۇن بىر باي ئادەم بار ئىدى؛ ئۇ سۆسۈن رەڭلىك تون ۋە كاناپ
كىيىملەرنى كىيىپ، ھەركۈنى ئەيش-ئىشرەت ئىچىدە تەنتەنە
قىلاتتى. [20] ۋە پۈتۈن ئەزايىنى چاقا-جاھارەت بېسىپ كەتكەن لازارۇس
ئىسىملىك بىر يوقسۇل بار ئىدى؛ ئۇ باينىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا
ھەركۈنى ياتقۇزۇپ قويۇلاتتى. [21] ئۇنىڭ داستىخىنىدىن چۈشۈپ قالغان
پارچە-پۇراتلاردىن قورسىقىنى تويغۇزغۇشقا تەشنا ئىدى. ھالبۇكى،
ئىتلار كېلىپ ئۇنىڭ يارىلىرىنى يالايتتى.
[22] ئەمدى شۇنداق بولدىكى، يوقسۇل ئۆلدى ۋە پەرىشتىلەر ئۇنى
ئىبراھىمنىڭ قۇچىقىغا ئاپاردى. باي ھەم ئۆلۈپ دەپنە قىلىندى؛ [23] ۋە

---

17:16 **«لېكىن ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ يوق قىلىۋېتىلىشى تەۋراتنىڭ بىر چېكىتى بىكار قىلىنىشتىن ئاساندۇر»** ــ سۆزمۇسۆز بولسا «لېكىن ئاسمان بىلەن يەرنىڭ يوقالمىقى تەۋراتتىن بىر چېكىتنىڭ چۈشمىكىدىن ئاساندۇر». «چېكىت» ئىبرانىي تىلىدىكى ئەڭ كىچىك تىنىش بەلگە (.).

—تەۋرات ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى «چۆمۈلدۈرگۈچى يەھياغىچە»لا ئىسرائىلغا يېتەكچى بولغان بىلەن ھازىرمۇ يەنىلا «ئىناۋەتسىز» ئەمەس. —تەۋراتتىكى بارلىق بېشارەتلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەۋراتتىكى بارلىق «ھەققانىي تەلەپلەر» ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن يەنىلا سۆيۈنىدىغان خۇشلۇقتۇر. تۆۋەندىكى 18-ئايەتتىكى تەلەپ، مەسىلەن، تەۋراتتىكى بىۋاستە تەلەپ بولمىسىمۇ، تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن پرىنسىپلار مۇشۇ ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ (مەسىلەن، «مار.» 1:10-12نى كۆرۈڭ).

**17:16** زەب. 102:25-27؛ يەش. 8:40؛ 6:51؛ مات. 18:5.

**18:16** مات. 32:5؛ 9:19؛ مار. 11:10؛ 1كور. 10:7.

21:16 **«ھالبۇكى، ئىتلار كېلىپ ئۇنىڭ يارىلىرىنى يالايتتى»** ــ لازارۇس ھېچنېمە يېمىگىنى بىلەن، لېكىن ئىتلار ئۇنىڭدىن ئازراق يەم ئالاتتى. ئۇلارنىڭ لازارۇسقا تېگىشى بىلەن ئۇ «ناپاك» دەپ ھېسابلىناتتى.

تەھتىسارادا قاتتىق قىينىلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىراقتىن
ئىبراھىمنى ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى لازارۇسنى كۆرۈپ: [24] «ئەي ئاتا
ئىبراھىم، ماڭا رەھىم قىلغايسەن! لازارۇسنى ئەۋەتكەيسەن، ئۇ
بارمىقىنىڭ ئۇچىنى سۇغا چىلاپ، تىلىمغا تېمىتىپ سوۋۇتقاي.
چۈنكى مەن بۇ ئوت يالقۇنىدا قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن!» دەپ
ۋارقىراپ يالۋۇردى.
[25] لېكىن ئىبراھىم مۇنداق دېدى: «ئەي ئوغلۇم، ھايات ۋاقتىڭدا
ھالاۋەتنى يەتكۈچە كۆرگىنىڭنى ۋە لازارۇسنىڭ دەرد-بالا تارتقىنىنى
يادىڭغا كەلتۈرگىن. ھازىر ئۇ تەسەللى تاپتى، ئەمما سەن ئازاب تارت
ىۋاتىسەن. [26] ۋە بۇلاردىن باشقا، بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئارىلىقىمىزدا
يوغان بىر ھاڭ بېكىتىلگەندۇركى، بۇ يەردىن سىلەر تەرەپكە ئۆتەيلى
دېگەنلەر ئۆتەلمەس ۋە ئاندىن بىز تەرەپكە ئۆتىمىز دېگەنلەر
ئۆتەلمەس».
[27] ئەمدى باي يەنە: «ئۇنداقتا، ئى ئاتا، سەندىن لازارۇسنى ئاتامنىڭ
ئۆيىگە ئەۋەتىشىڭنى ئۆتۈنىمەن. [28] چۈنكى مېنىڭ بەش ئاكا-ئۇكام
بار؛ ئۇلارنىڭ بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلىك يەرگە كەلمەسلىكى ئۈچۈن لازارۇس
ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ قويسۇن» ــ دېدى.
[29] بىراق ئىبراھىم جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا: «ئۇلاردا مۇسا ۋە باشقا
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاگاھ-گۇۋاھلىقى بار؛ ئۇلار شۇلارنى ئاڭلىسۇن» ــ
دېدى.
[30] لېكىن ئۇ: «ياق، ئى ئىبراھىم ئاتا، ئەگەر ئۆلگەنلەردىن بىرى
تىرىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارسا، ئۇلار تۇۋا قىلىدۇ» ــ دېدى.
[31] ئەمما ئىبراھىم ئۇنىڭغا: «ئەگەر ئۇلار مۇسا ۋە باشقا
پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىمىسا، ھەتتا ئۆلگەنلەردىن
بىرسى تىرىلسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىشىنىشنى رەت قىلىدۇ» ــ دېدى.

---

**25:16** ئايۇپ 13:21.

**29:16** يەش. 20:8؛ 16:34؛ يۇھ. 39:5؛ روس. 11:17.

31:16 **«ئەگەر ئۇلار مۇسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىمىسا، ھەتتا**

## گۇناھ، كەچۈرۈم، ئېتىقاد ۋە خىزمەت توغرىسىدا

مات. 7-6:18، 22-21؛ مار. 42:9

17 [1] ئۇ مۇخلىسلىرىغا مۇنداق دېدى:
ئىنساننى پۇتلاشتۇرىدىغان ئىشلار بولماي قالمايدۇ؛ لېكىن
شۇ پۇتلاشتۇرۇش ۋاستىچىسى بولغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي! [2] بۇنداق
ئادەمنىڭ بۇ كىچىك باللاردىن بىرىنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان بولسا،
بوينىغا تۈگمەن تېشى ئېسىلغان ھالدا دېڭىزغا تاشلىۋېتىلگىنى
ئەۋزەل بولاتتى.
[3] ئۆزۈڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار! ئەگەر قېرىندىشىڭ گۇناھ قىلغان بولسا،
ئۇنىڭغا تەنبىھ-نەسىھەت قىلغىن. ئۇ توۋا قىلسا ئۇنى ئەپۇ قىلغىن.
[4] مۇبادا ئۇ بىر كۈن ئىچىدە ساڭا يەتتە مەرتىۋە گۇناھ قىلسا ۋە يەتتە
مەرتىۋە يېنىڭغا كېلىپ: توۋا قىلدىم، دېسە، ئۇنى يەنىلا ئەپۇ
قىلغىن.
[5] شۇنىڭ بىلەن روسۇللار رەبگە: ئىشەنچ-ئېتىقادىمىزنى ئاشۇرغىن،
— دېيىشتى.

---

**ئۆلگەنلەردىن بىرسى تىرىلسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىشىنىشنى رەت قىلىدۇ»** — بۇ سۆز ھەم بىز ئوقۇرمەنلەرگە كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ سۆزدىن كېيىن مەسىھ باشقا بىر لازارۇسنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈردى («يۇھ.» 11-باب). ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزى ئۆلۈمدىن تىرىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان قانچە ئادەم چىقتى؟

1:17 **«ئىنساننى پۇتلاشتۇرىدىغان ئىشلار بولماي قالمايدۇ؛ لېكىن شۇ پۇتلاشتۇرۇش ۋاستىچىسى بولغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي!»** — بۇ مۇھىم ئايەت ئۇستىدە «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**1:17** مات. 7:18؛ مار. 42:9.

2:17 **«بۇنداق ئادەمنىڭ بۇ كىچىك باللاردىن بىرىنى گۇناھقا پۇتلاشتۇرغان بولسا...»** — «**بۇ** كىچىك باللاردىن بىرى» (گرېك تىلىدا «**بۇ** كىچىكلەردىن بىرى») — دېمەك، ئۆز ئەتراپىدىكى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغان ئاددىي خالايىقنى كۆرسىتىدۇ.

**3:17** لاۋ. 17:19؛ پەند. 10:17؛ مات. 15:18؛ ياق. 19:5.

**4:17** مات. 21:18.

5:17 **«شۇنىڭ بىلەن روسۇللار رەبگە: ئىشەنچ-ئېتىقادىمىزنى ئاشۇرغىن، — دېيىشتى»** — بۇرادىرىنى ھەركۈندە يەتتە قېتىم ئوخشاش گۇناھ ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىش كۈچلۈك بولغان

[6] ۋە رەب ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
سىلەردە قىچا ئۇرۇقىدەك زەررىچە ئىشەنچ بولسا ئىدى، سىلەر
ئاۋۇ ئۈجمە دەرىخىگە: «يىلتىزىڭدىن قومۇرۇلۇپ، دېڭىزغا كۆچۈپ
تىكىل!» دېسەڭلار، ئۇ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ كۆچەتتى.

## ھەقىقىي قۇلنىڭ ۋەزىپىسى

[7] لېكىن ئاراڭلاردىن كىمنىڭ يەر ھەيدەيدىغان ياكى مال باقىدىغان
بىر قۇلى بولسا ۋە ئۇ ئېتىزلىقتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا:
«تېزرەك كېلىپ داستىخاندا ئولتۇرغىن»، دەيدىغانلار بارمۇ؟ [8] ئۇ
بەلكى ئۇنىڭغا: «مېنىڭ تاماقمنى تەييار قىل، مەن يەپ-ئىچىپ
بولغۇچە بېلىڭنى باغلاپ مېنى كۈتكىن، ئاندىن ئۆزۈڭ يەپ-ئىچكىن،
دېمەسمۇ؟ [9] قۇل ئەمر قىلىنغىنىدەك قىلغىنى ئۈچۈن خوجايىن
ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتامدۇ؟ مېنىڭچە، ئېيتمايدۇ. [10] شۇنىڭغا
ئوخشاش، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارغا ئەمر قىلىنغاننىڭ ھەممىسىنى
ئادا قىلغىنىڭلاردىن كېيىن: بىز ئەرزىمەس قۇللارمىز؛ بىز پەقەت
تېگىشلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق، خالاس»، دەيدىغان بولۇڭلار.

## ئەيسانىڭ ئون ماخاۋ كېسەلنى ساقايتىشى

[11] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ يېرۇسالېمغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، سامارىيە
بىلەن گالىلىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، [12] بىر كەنتكە كىرگىنىدە
ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئون ئادەم ئۇنىڭغا ئۇچراپ، يىراقتا
توختاپ، [13] ئاۋازلىرىنى كۆتۈرۈپ: ئەي ئەيسا، ئۇستاز، بىزگە رەھىم

ئېتىقادىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە!
**6:17** مات. 17:20؛ 21:21؛ مار. 11:23.
12:17 **«بىر كەنتكە كىرگىنىدە ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئون ئادەم ئۇنىڭغا ئۇچراپ، يىراقتا توختاپ...»** — نېمىشقا «يىراقتا توختاپ...»؟ ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار تەۋرات قانۇنى بويىچە ئادەملەرگە يېقىنلىشىشقا بولمايتتى («لاۋ.» 13:45-46، «چۆل.» 5:2-3نى كۆرۈڭ).

قىلغايسەن، دەپ ئۆتۈندى. [14]ئۇلارنى كۆرگەندە ئۇ ئۇلارغا: بېرىپ
ئۆزۈڭلارنى كاھىنلارغا كۆرسىتىڭلار، دېدى. ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلار
يولدا كېتىۋاتقاندا، ماخاۋدىن پاكلاندى.
[15]ئۇلاردىن بىرەيلەن ئۆزىنىڭ ساقايغىنىنى كۆرگەندە يۇقىرى ئاۋاز
بىلەن خۇدانى ئۇلۇغلاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ، قايتتى. [16]ئۇ كېلىپ
ئەيسانىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ دۈم يېتىپ تەشەككۇر ئېيتتى. ئۇ
سامارىيەلىك ئىدى. [17]ئەيسا بۇ ئىشقا قاراپ: پاك قىلىنغانلار ئون
كىشى ئەمەسمىدى؟ قالغان توققۇزەيلەن قېنى؟ [18]بۇ يات ئەللىك
مۇساپىردىن باشقا، خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇغىلى ھېچكىم
قايتىپ كەلمەپتىغۇ؟! ــ دېدى. [19]ئاندىن ئۇ ھېلىقى ئادەمگە: ــ
«ئورنۇڭدىن تۇر، يولۇڭغا ماڭغىن! ئېتىقادىڭ سېنى ساقايتتى!»
ــ دېدى.

---

14:17 **«...ئۆزۈڭلارنى كاھىنلارغا كۆرسىتىڭلار»** ــ تەۋرات قانۇنى بويىچە بىرسى ماخاۋ كېسىلىدىن ساقايغان بولسا، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى مەسئۇل كاھىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى «ساق، ياكى ساق ئەمەس» دەپ تەكشۈرتۈپ قۇربانلىق قىلىشى كېرەك ئىدى؛ ئاندىن قايتىدىن جەمئىيەت بىلەن ئارىلىشالايتتى («لاۋ.» 14:1-11، 19:13، «لۇقا» 14:5نى كۆرۈڭ). دېمىسەكمۇ، مەسىھ كەلگۈچە بۇنداق مۇراسىم بىر قېتىممۇ ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغان.

**14:17** لاۋ. 2:13؛ 2:14؛ مات. 4:8؛ لۇقا 14:5.

16:17 **«ئۇ كېلىپ ئەيسانىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ دۈم يېتىپ تەشەككۇر ئېيتتى. ئۇ سامارىيەلىك ئىدى»** ــ يەھۇدىيلار سامارىيەلىكلەرنى «يېرىم كاپىر» دەپ يامان كۆرەتتى.

18:17 **«بۇ يات ئەللىك مۇساپىردىن باشقا، خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇغىلى ھېچكىم قايتىپ كەلمەپتىغۇ؟!»** ــ دېمەك، خۇدانىڭ خەلقى بولغان يەھۇدىيلاردىن ھېچكىم رەھمەت ئېيتىشقا قايتمىدى.

19:17 **«ئېتىقادىڭ سېنى ساقايتتى!»** ــ بىز شۇنى بايقايمىزكى، (1) ئۇ (باشقا توققۇزىغا ئوخشاش) مەسىھنىڭ سۆزىگە كىرىپ يولغا چىققانىدى؛ بۇ ئۆز ئىشەنچىنى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتتۇر؛ (2) گەرچە كېسەلنى ساقايتقۇچى **مەسىھنىڭ ئۆزى** بولغىنى بىلەن، ئۇ دائىم ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە باغلىغان ئېتىقادىنى (بار بولسا) ماختاپ ئۇلارنى شۇ يول بىلەن رىغبەتلەندۈرەتتى ــ **«سېنىڭ ئېتىقادىڭ** سېنى ساقايتتى!».

## خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ نامايان بولۇشى

مات. 24:23-28، 37-41

[20] بىر كۈنى پەرىسىيلەر ئۇنىڭدىن: «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى قاچان
كېلىدۇ؟» دەپ سورىغاندا ئۇ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ــ
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كېلىشىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماس؛
[21] كىشىلەر: «قاراڭلار، ئۇ مانا بۇ يەردە!» ياكى «ئۇ يەردە!» دېيەلمەيدۇ.
چۈنكى مانا، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئاراڭلاردىدۇر.

## ئىنسانئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىشى

[22] كېيىن ئۇ مۇخلىسلىرىغا يەنە مۇنداق دېدى: ــ «شۇنداق كۈنلەر
كېلىدۇكى، سىلەر ئىنسانئوغلىنىڭ كۈنلىرىدىن بىرەر كۈنىنى
بولسىمۇ كۆرۈشكە تەشنا بولىسىلەر، لېكىن كۆرەلمەيسىلەر. [23] شۇ
چاغدا كىشىلەر سىلەرگە: «مانا ئۇ بۇ يەردە!» ۋە ياكى «مانا ئۇ ئۇ
يەردە!» دەيدۇ؛ سىلەر نە بارماڭلار نە ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرمەڭلار.
[24] چۈنكى گويا ئاسماننىڭ بىر چېتىدىن چاقماق چېقىپ يەنە بىر

---

20:17 **«خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كېلىشىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماس»** ــ مەنىسى، بەلكىم، ئۇنىڭ يەر يۈزىدە نامايان بولۇشى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئالامەتلەر بىلەن بولمايدۇ. مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە پادىشاھلىق ھەممە ئادەمگە روشەن بولىدۇ (24-ئايەتنى كۆرۈڭ)؛ لېكىن شۇ ۋاقىتقىچە «كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماس» ــ پەقەت ئېتىقاد ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ تېما ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز.

21:17 **«مانا، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئاراڭلاردىدۇر»** ــ «ئاراڭلاردىدۇر» دېگەننىڭ باشقا بىر تەرجىمىسى «ئىچىڭلاردىدۇر» ياكى «دىلىڭلاردىدۇر». لېكىن بىزنىڭچە مەسىھ پۈلپەرەس، تەكەببۇر پەرىسىيلەرگە «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سىلەردە» دەپ ھەرگىز دېمەيتتى. بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**21:17** مات. 24:23؛ مار. 21:13؛ لۇقا 21:7، 8.

22:17 **«ئىنسانئوغلىنىڭ كۈنلىرىدىن بىرەر كۈنى»** ــ دېمەك، ئىنسانئوغلى (مەسىھ) دۇنياغا قايتىپ كېلىپ ھۆكۈم سۈرىدىغان كۈنلەرنىڭ بىرى.

23:17 **«شۇ چاغدا كىشىلەر سىلەرگە: «مانا ئۇ بۇ يەردە!» ۋە ياكى «مانا ئۇ ئۇ يەردە!» دەيدۇ»** ــ «ئۇ» مۇشۇ يەردە مەسىھنىڭ ئۆزى، ئەلۋەتتە.

**23:17** مات. 24:23؛ مار. 21:13.

چېتىگىچە يورۇتىدىغاندەك، ئىنسانئوغلىنىڭ ئۆز كۈنىدە ھەم
شۇنداق بولىدۇ. 25 لېكىن ئۇ ئاۋۋال كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىشى
بۇ دەۋردىكىلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشى مۇقەررەردۇر.
26 ۋە نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كۈنلىرىدە قانداق بولغان بولسا،
ئىنسانئوغلىنىڭ كۈنلىرىدە ھەم شۇنداق بولىدۇ. 27 تاكى نۇھ
كېمىگە كىرىپ ئولتۇرغان كۈنگىچە، كىشىلەر يەپ-ئىچىپ،
ئۆيلىنىپ ۋە ياتلىق بولۇپ كېلىۋاتقانىدى؛ ئاندىن توپان كېلىپ
ھەممىسىنى ھالاك قىلدى. 28 ھەم يەنە، لۇتنىڭ كۈنلىرىدە قانداق
بولغان بولسا شۇنداق بولىدۇ ــ كىشىلەر يەپ-ئىچىپ، سودا-سېتىق
قىلىپ، تېرىقچىلىق قىلاتتى ۋە ئۆيلەرنى سالاتتى. 29 لېكىن لۇت
سودوم شەھىرىدىن چىققان كۈنى، ئاسماندىن ئوت بىلەن گۈڭگۈرت
يېغىپ، بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلدى. 30 ئەمدى
ئىنسانئوغلى ئاشكارا بولىدىغان كۈندە ئەنە شۇنداق بولىدۇ.
31 شۇ كۈنى، ھەركىم ئۆگزىدە تۇرۇپ، نەرسە-كېرەكلىرى ئۆيىدە
بولسىمۇ، ئالغىلى چۈشمىسۇن؛ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىمكى
ئېتىزلىقتا بولسا ئۆيىگە ھېچ يانمىسۇن. 32 لۇتنىڭ ئايالىنى

---

24:17 **«گويا ئاسماننىڭ بىر چېتىدىن چاقماق چېقىپ يەنە بىر چېتىگىچە يورۇتىدىغاندەك»** ــ ياكى «گويا چاقماق چېقىپ ئاسماننىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە يورۇتىدىغاندەك».

25:17 **« ئىنسانئوغلى ئاۋۋال كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىشى بۇ دەۋردىكىلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشى مۇقەررەردۇر»** ــ بۇ دەۋر بولسا ئۆز خەلقىنىڭ شۇ دەۋرى.

**25:17** مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 6:24، 7

**26:17** يار. 2:6؛ 7:7؛ مات. 37:24، 38؛ 1پېت. 20:3.

28:17 **«ئىنسانئوغلىنىڭ كۈنلىرىدە ... لۇتنىڭ كۈنلىرىدە قانداق بولغان بولسا شۇنداق بولىدۇ»** ــ «لۇت» ــ ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ جىيەنى. بۇ ۋەقەلەر توغرىسىدا «يار.» 18-19-بابلارنى كۆرۈڭ.

**29:17** يار. 24:19؛ قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 40:50؛ ھوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ يەھ. 7.

31:17 **«شۇ كۈنى، ھەركىم ئۆگزىدە تۇرۇپ، نەرسە-كېرەكلىرى ئۆيىدە بولسىمۇ، ئالغىلى چۈشمىسۇن»** ــ بۇ كۈنگە قەدەر قانائان (پەلەستىن)دىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنىڭ سىرتقى پەلەمپىيى بار، ئۆيگە چۈشمەي قاچقىلى بولىدۇ.

**«ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىمكى**

**يادىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار!** 33 كىمكى ئۆز ھاياتىنى قۇتقۇزماقچى بولسا،
ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولىدۇ، لېكىن ئۆز ھاياتىدىن مەھرۇم بولغان
كىشى ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ.
34 سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، ئۇ كېچىدە ئىككى ئادەم بىر ئورۇندا ياتىدۇ؛
ئۇلاردىن بىرى ئېلىپ كېتىلىدۇ، يەنە بىرى قالدۇرۇلىدۇ. 35-36 ئىككى
ئايال يارغۇنچاق بېشىدا تۇرۇپ ئۇن تارتىۋاتقان بولىدۇ؛ ئۇلاردىن بىرى
ئېلىپ كېتىلىدۇ، يەنە بىرى قالدۇرۇلىدۇ».
37 ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋابەن: ئەي رەب، بۇ ئىشلار قەيەردە يۈز بېرىدۇ؟
ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئۇلارغا: جەسەت قايسى يەردە بولسا، قۇزغۇنلار شۇ
يەرگە توپلىشىدۇ!

**ئېتىزلىقتا بولسا ئۆيىگە ھېچ يانمىسۇن»** ــ دېمەك، شۇ كۈندە خۇدانىڭ جازاسى شۇنچە تېز كېلىدۇكى، ئېتىقادى بار ھەربىرى كەينىگە ھېچ قارىمايلا، بەدەر قېچىشى كېرەك بولىدۇ. 32-ئايەتنى كۆرۈڭ.

32:17 **«لۇتنىڭ ئايالىنى يادىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار!»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا سودوم شەھىرىنى جازالىغان كۈندە، لۇت ۋە ئائىلىسىدىكىلەر قاچقاندا، ئۇنىڭ ئايالى ئۆتكەنكى راھەتلىك تۇرمۇشىنى ۋە مال-مۈلكىنى تاشلاشقا كۆزى قىيماي كەينىگە قارىغانىدى، تۇز تۈۋرۈككە ئايلىنىپ قالغان

**32:17** يار. 19:15-17، 26.

**33:17** مات. 10:39؛ 16:25؛ مار. 8:35؛ لۇقا 9:24؛ يۇھ. 12:25.

**34:17** مات. 24:40، 41؛ 1تېس. 4:17.

36-35:17 **«ئىككى ئايال يارغۇنچاق بېشىدا تۇرۇپ ئۇن تارتىۋاتقان بولىدۇ؛ ئۇلاردىن بىرى ئېلىپ كېتىلىدۇ، يەنە بىرى قالدۇرۇلىدۇ»** ــ پىكرىمىزچە «ئېلىپ كېتىلىدىغانلار» ھەققانىيلاردۇر؛ ئېتىقادسىزلار «قالدۇرۇلىدۇ». مەسىلەن، «مات.» 24:31، «1تېس.» 4:1-11نى كۆرۈڭ. نۇھ پەيغەمبەر ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ۋە شۇنىڭدەك لۇتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر خۇدانىڭ جازاسى ئالدىدىن «ئېلىپ كېتىلىپ» قۇتۇلغان، بىراق قالدۇرۇلغانلار ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن جازاغا ئۇچرىغان — —بەزى كونا كۆچۈرمىلەردىكى «ئېتىزدا ئىككى كىشى بولىدۇ؛ ئۇلاردىن بىرى ئېلىپ كېتىلىدۇ، يەنە بىرى قالدۇرۇلىدۇ» دېگەن سۆزمۇ مۇشۇ يەردە تېپىلىدۇ. «مات.» 24:40نى كۆرۈڭ.

37:17 **«جەسەت قايسى يەردە بولسا، قۇزغۇنلار شۇ يەرگە توپلىشىدۇ!»** ــ بۇ سىرلىق سۆزنىڭ مەنىسى بەلكىم: قۇزغۇنلارنىڭ توپلىنىشى جەسەتنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەندەك، بۇ ئالامەتلەر مەن تىلغا ئالغان ئىشلارنىڭ تېز ئارىدا يۈز بېرىشىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەيسانىڭ بۇ سۆزى يەنە تەۋرات، «ئايۇپ» 39:26-30 ۋە «يەش.» 34:1-8، 15-17-قاتارلىق ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن، «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دە بولغان زور قىرغىنچىلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك.

**37:17** ئايۇپ 39:30؛ مات. 24:28.

## خۇدا ئۆز بەندىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ دەردىگە يېتىدۇ

18 [1] ۋە ئۇ ئۇلارغا، بوشاشماي، ھەردائىم دۇئا قىلىپ تۇرۇش
كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر تەمسىل كەلتۈرۈپ مۇنداق
دېدى:
[2] — «مەلۇم شەھەردە بىر سوتچى بار ئىكەن. ئۇ خۇدادىنمۇ قورقمايدىكەن،
ئادەملەرگىمۇ پەرۋا قىلمايدىكەن. [3] شۇ شەھەردە بىر تۇل ئايال
بار ئىكەن ۋە ئۇ دائىم سوتچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەيىبكاردىن
ھەققىمنى ئېلىپ بەرگىن» دەپ تەلەپ قىلىدىكەن.
[4] ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنى رەت قىپتۇ؛ بىراق كېيىن كۆڭلىدە:
خۇدادىنمۇ قورقمايمەن، ئادەملەرگىمۇ پەرۋا قىلمايمەن، [5] لېكىن بۇ تۇل
خوتۇن مېنى ئاۋارە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ماڭا چاپلىشىۋېلىپ
مېنى ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەرھالدا ئۇنىڭ
دەۋايىنى سوراپ قوياي!» — دەپ ئويلاپتۇ».
[6] رەب: قاراڭلار، ئادالەتسىز بۇ سوتچىنىڭ نېمە دېگەنلىرىگە! [7] ئۇ
شۇنداق قىلغان يەردە، خۇدا ئۆزىگە كېچە-كۈندۈز نىدا قىلىۋاتقان
تاللىغان بەندىلىرىگە قانداق قىلار؟ گەرچە خۇدا ئۆز بەندىلىرىگە
ھەمدەرد بولۇش بىلەن بىرگە رەزىللىككە ئۈزۈنغىچە سەۋر-تاقەت

**1:18** رىم. 12:12؛ ئەف. 18:6؛ كول. 2:4؛ 1تېس. 17:5.

قىلىسمۇ، ئاخىرىدا بەندىلىرىنىڭ دەردىگە يەتمەسمۇ؟ [8] مەن سىلەرگە ئېيتايكى: ئۇ ئۇلارنىڭ دەردىگە يېتىپ ناھايىتى تېزلا ھەققىنى ئېلىپ بېرىدۇ! لېكىن ئىنسانئوغلى كەلگەندە يەر يۈزىدە ئىمان-ئىشەنچ تاپالامدۇ؟ ــ دېدى.

## پەرىسىي بىلەن باجگىر

[9] ئۇ ئۆزلىرىنى ھەققانىي دەپ قاراپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بەزىلەرگە قارىتىپ، مۇنداق بىر تەمسىلنى ئېيتتى:
[10] ــ ئىككى ئادەم دۇئا قىلغىلى ئىبادەتخانىغا بېرىپتۇ. بىرى پەرىسىي، يەنە بىرى باجگىر ئىكەن. [11] پەرىسىي ئۆرە تۇرۇپ ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دۇئا قىلىپتۇ: ــ «ئەي خۇدا، مېنىڭ باشقا ئادەملەردەك بۇلاڭچى، ئادالەتسىز، زىناخور ۋە ھەتتا بۇ باجگىردەك بولمىغىنىم ئۈچۈن ساڭا

---

**7:18** **«گەرچە خۇدا ئۆز بەندىلىرىگە ھەمدەرد بولۇش بىلەن بىرگە رەزىللىككە ئۇزۇنغىچە سەۋر-تاقەت قىلىسمۇ، ئاخىرىدا بەندىلىرىنىڭ دەردىگە يەتمەسمۇ؟»** ــ «دەردىگە يەتمەس» گرېك تىلىدا مۇشۇ يەردە يەنە «ھەققىنى بەرمەس» ياكى «ئادالەتنى يۈرگۈزمەس»نىمۇ بىلدۈرىدۇ.

—«گەرچە خۇدا ئۆز بەندىلىرىگە ھەمدەرد بولۇش بىلەن بىرگە رەزىللىككە ئۇزۇنغىچە سەۋر-تاقەت قىلىسمۇ، ئاخىرىدا بەندىلىرىنىڭ دەردىگە يەتمەسمۇ؟» ــ شەرھىمىزچە، بۇ جۈملىدىكى «رەزىللىك» مۇشۇ پۈتكۈل دۇنيادىكى رەزىللىكنى كۆرسىتىدۇ؛ خۇدا ئۆز بەندىلىرىگە بارلىق تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەردە ھەمدەرد بولىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن تەڭ (ئۇلاردىن ئارتۇقراق، ئەلۋەتتە!) مۇشۇ دۇنيادىكى رەزىللىككە سەۋر-تاقەت قىلىدۇ. خۇدانىڭ رەزىللىككە كۆرسەتكەن ۋە كۆرسىتىدىغان سەۋر-تاقىتىنىڭ پەقەت قىيامەت كۈنىگىچە بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. بۇ تېما ئۈستىدە «كول.» 24:1، «فىل.» 10:3، «ئەف.» 13:3نى ۋە بۇ يازمىلاردىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

—بۇ ئىبارىنىڭ باشقا خىل تەرجىمىلىرىدىن «ئۇلارغا قىلىدىغان شاپائىتىنى بەك كېچىكتۈرەرمۇ؟» دېگەنلەر بار.

**7:18** ۋەھ. 10:6.

**8:18** **«لېكىن ئىنسانئوغلى كەلگەندە يەر يۈزىدە ئىمان-ئىشەنچ تاپالامدۇ؟»** ــ دېمەك، خۇدا ئىنسانلارنى دۇئا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ دۇئالارغا ئىجابەت قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا شۇنچە كۆپ ۋەدە قىلغان يەردە، نېمىشقا ئىمان-ئىشەنچ ئاز بولىدۇ؟ لېكىن دەرۋەقە ئاز بولۇشى مۇمكىن.

شۇكۇر! [12] ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم روزا تۇتىمەن ۋە تاپقانلىرىمنىڭ
ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى سەدىقە قىلىمەن».
[13] بىراق ھېلىقى باجگىر يىراقتا تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا
قاراشقىمۇ پېتىنالماي مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئەي خۇدا، مەن
مۇشۇ گۇناھكارغا رەھىم قىلغايسەن!» ــ دەپتۇ.
[14] مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، بۇ ئىككىيلەندىن پەرىسىي ئەمەس،
بەلكى باجگىر كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. چۈنكى
ھەركىم ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتسا تۆۋەن قىلىنار، لېكىن كىمكى ئۆزىنى
تۆۋەن تۇتسا ئۈستۈن كۆتۈرۈلەر.

## ئەيسانىڭ كىچىك بالىلارغا بەخت تىلىشى

مات. 19:13-15؛ مار. 10:13-16

[15] ئەمدى قولىنى تەگكۈزسۇن دەپ، كىشىلەر كىچىك بالىلىرىنىمۇ
ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتى. لېكىن بۇنى كۆرگەن مۇخلىسلار
ئۇلارنى ئەيىبلىدى. [16] ئەمما ئەيسا بالىلارنى يېنىغا چاقىرىپ:
كىچىك بالىلارنى ئالدىمغا كەلگىلى قويۇڭلار، ئۇلارنى توسۇشماڭلار.
چۈنكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى دەل مۇشۇنداقلاردىن تەركىب
تاپقاندۇر. [17] مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى: كىمكى
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى سەبىي بالىدەك قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭغا
ھەرگىز كىرەلمەيدۇ، ــ دېدى.

---

**11:18** يەش. 1:15؛ 2:58؛ ۋەھ. 3:17، 18.
13:18 **«ئەي خۇدا، مەن مۇشۇ گۇناھكارغا رەھىم قىلغايسەن!»** ــ «مۇشۇ گۇناھكار» گرېك
تىلدا «دۇنيادا بىردىنبىر گۇناھكار» دېگەن مەنىنى پۈركەيدۇ.
14:18 **«...باجگىر كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ»** ــ «كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ»
گرېك تىلدا «ھەققانىي قىلىنىپ» دېيىلىدۇ.
**14:18** ئايۇپ 22:29؛ پەند. 29:23؛ مات. 23:12؛ لۇقا 14:11؛ ياق. 4:6، 10؛ 1پېت. 5:5.
**15:18** مات. 19:13؛ مار. 10:13.
**16:18** مات. 18:3؛ 19:14؛ 1كور. 14:20؛ 1پېت. 2:2.

## بايلارنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشى تەس

مات. 19:16-30؛ مار. 10:17-31

18 مەلۇم بىر ھۆكۈمدار ئەيسادىن: ئى ياخشى ئۇستاز، مەڭگۈلۈك ھاياتقا
ۋارىس بولماق ئۈچۈن نېمە ئىشنى قىلىشىم كېرەك، ــ دەپ سورىدى.
19 لېكىن ئەيسا: مېنى نېمە ئۈچۈن ياخشى دەيسەن؟ ياخشى بولغۇچى
پەقەت بىرلا، يەنى خۇدادۇر. 20 ئەمرلەرنى بىلىسەن: ــ «زىنا قىلما،
قاتىللىق قىلما، ئوغرىلىق قىلما، يالغان گۇۋاھلىق بەرمە، ئاتاڭنى
ۋە ئاناڭنى ھۆرمەت قىل» ــ دېدى.
21 ــ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە كىچىكىمدىن تارتىپ ئەمەل قىلىپ
كېلىۋاتىمەن، ــ دېدى ئۇ.
22 ئەيسا بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا: ــ سەندە يەنە بىر ئىش كەم. پۈتكۈل
مال-مۈلكىڭنى سېتىپ، پۇلىنى يوقسۇللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگىن
ۋە شۇنداق قىلساڭ، ئەرشتە خەزىنەڭ بولىدۇ؛ ئاندىن كېلىپ ماڭا
ئەگەشكىن! ــ دېدى.
23 ئەمما ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ قايغۇغا چۆمۈپ كەتتى؛ چۈنكى ئۇ
ناھايىتى باي ئىدى. 24 تولىمۇ قايغۇغا چۆمۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن
ئەيسا: ــ مال-دۇنياسى كۆپلەرنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشى
نېمىدېگەن تەس-ھە! 25 تۆگىنىڭ يىڭنىنىڭ كۆزىدىن ئۆتۈشى باي
ئادەمنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشىدىن ئاساندۇر! ــ دېدى.
26 بۇنى ئاڭلىغانلار: ــ ئۇنداق بولسا، كىم نىجاتقا ئېرىشەلىسۇن؟ ــ
دېيىشتى.

---

**18:18 «مەلۇم بىر ھۆكۈمدار»** ــ «ھۆكۈمدار» ــ رىم ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن يەھۇدىي «ھاكىم». **«مەڭگۈلۈك ھاياتقا ۋارىس بولماق ئۈچۈن نېمە ئىشنى قىلىشىم كېرەك؟»** ــ گرېك تىلىدا «نېمە ئىشنى قىلىشىم كېرەك؟» دېگەن سۆز مەلۇم بىر ئىشنى بىرلا قېتىم قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**18:18** مات. 19:16؛ مار. 10:17.

**18:20** مىس. 20:12-16؛ قان. 5:17-20؛ رىم. 13:9؛ ئەف. 6:2؛ كول. 3:20.

**18:22** مات. 6:19؛ 19:21؛ 1تىم. 6:19.

**18:24** پەند. 11:28؛ مات. 19:23؛ مار. 10:23.

[27] ئەمما ئۇ جاۋابەن: ــ ئىنسانلارغا مۇمكىن بولمىغان ئىشلار خۇداغا
مۇمكىندۇر ــ دېدى.
[28] ئەمدى پېترۇس: ــ مانا، بىز بار-يوقىمىزنى تاشلاپ ساڭا ئەگەشتۇق!؟
ــ دېدى.
[29] ئۇ ئۇلارغا: ــ مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتايكى، خۇدانىڭ
پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئۆي-ۋاق يا ئاتا-ئانىسى يا قېرىنداشلىرى
يا ئايالى يا بالىلىرىدىن ۋاز كەچكەنلەرنىڭ ھەربىرى [30] بۇ زاماندا
بۇلارغا كۆپ ھەسسىلەپ مۇيەسسەر بولىدۇ ۋە كېلىدىغان زاماندىمۇ
مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشمەي قالمايدۇ. ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ ئۆز ئۆلۈمىنى يەنە بىر قېتىم ئالدىن ئېيتىشى

مات. 20:17-19؛ مار. 10:32-34

[31] ئاندىن ئۇ ئون ئىككەيلەننى ئۆز يېنىغا ئېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
ــ مانا، بىز ھازىر يېرۇسالېمغا چىقىۋاتىمىز ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ
ئىنسانئوغلى توغرىسىدا پۈتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە
ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. [32] چۈنكى ئۇ يات ئەللەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ
ۋە ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، خارلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈكۈرىدۇ؛
[33] ئۇلار ئۇنى قامچىلىغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؛ ۋە ئۇ ئۈچىنچى
كۈنى قايتا تىرىلىدۇ، ــ دېدى.

**27:18** ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ لۇقا 37:1.
**28:18** مات. 20:4؛ 27:19؛ مار. 28:10؛ لۇقا 11:5.
**29:18** قان. 9:33.
**30:18** ئايۇپ 12:42.
**31:18** زەب. 22؛ يەش. 7:53؛ مات. 21:16؛ 22:17؛ 17:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 32:10؛ لۇقا 22:9؛ 7:24.
**32:18** « **ئىنسانئوغلى يات ئەللەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ»** ــ «تاپشۇرۇلىدۇ» دېگەننىڭ
«ساتقۇنلۇق قىلىنىدۇ» دېگەن ئىككىنچى مەنىسىمۇ بار.
**32:18** مات. 2:27؛ لۇقا 1:23؛ يـۇھ. 28:18؛ روس. 13:3.

34 بىراق ئۇلار بۇ سۆزلەردىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. بۇ سۆزنىڭ
مەنىسى ئۇلاردىن يوشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە ئېيتقىنىنى
بىلەلمەي قالدى.

## ئەيسانىڭ قارىغۇ تىلەمچىنى ساقايتىشى

مات. 34-29:20؛ مار. 52-46:10

35 ۋە شۇنداق ئىش بولدىكى، ئۇ يېرىخو شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا،
بىر كور كىشى يولنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى.
36 ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: ــ نېمە ئىش
بولغاندۇ؟ ــ دەپ سورىدى. 37 خەق ئۇنىڭغا:
ناسارەتلىك ئەيسا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ــ دەپ خەۋەر بەردى.
38 ــ ئى داۋۇتنىڭ ئوغلى ئەيسا، ماڭا رەھىم قىلغايسەن! ــ دەپ
ۋارقىراپ كەتتى ئۇ.
39 ۋە ئەيسانىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقانلار ئۇنى: ــ شۈك ئولتۇر! دەپ
ئەيىبلەشتى. بىراق ئۇ: ــ ئى داۋۇتنىڭ ئوغلى، ماڭا رەھىم قىلغايسەن!
ــ دەپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى.
40 ئەيسا قەدىمىنى توختىتىپ، ئۇنى ئالدىغا باشلاپ كېلىشنى
بۇيرۇدى. ۋە قارىغۇ ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەندە ئۇ ئۇنىڭدىن: 41 ــ سەن

34:18 **«بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۇلاردىن يوشۇرۇلغان بولۇپ...»** ــ كىمنىڭ تەرىپىدىن يوشۇرۇلغانلىق ئېيتىلمايدۇ. شەيتان تەرىپىدىنمۇ، ياكى خۇدا تەرىپىدىنمۇ؟ ياكى پەقەت ئۆز گاللىقى تەرىپىدىنمۇ؟ بۇ قېتىم سۆزنىڭ مەزمۇنى ئىلگىرىكى قېتىمدىكى سۆزلىرىگە ئوخشاش ئىدى (45:9). بىزنىڭچە يوشۇرغۇچى شەيتان، لېكىن خۇدا شەيتاننىڭ ئالدىشىغا يول قويۇشى بىلەن، ئۇلارنىڭ چۈشەنمەسلىكى ئارقىلىق ئۆز شان-شەرىپىنى تېخىمۇ روشەن قىلماقچى بولدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

35:18 **«يېرىخو شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا»** ــ ماتتا بۇ ۋەقەنى بايان قىلغاندا («مات.» 29:20) «يېرىخودىن چىققاندا» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاقىتتا ئىككى «يېرىخو شەھىرى» بار ئىدى، خۇددى قەشقەردىكى «يېڭى شەھەر» ۋە «كونا شەھەر»لەردەك.

35:18 مات. 29:20؛ مار. 46:10.

38:18 **«ئى داۋۇتنىڭ ئوغلى ئەيسا...»** ــ «داۋۇتنىڭ ئوغلى» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ (پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرى بويىچە مەسىھ پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى بولاتتى).

مېنى نېمە قىلىپ بەر، دەيسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
ئى رەببىم، قايتا كۆرىدىغان بولسامئىدى! ــ دېدى ئۇ.
[42] ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ كۆرىدىغان بولغىن! ئېتىقادىڭ سېنى ساقايتتى،
ــ دېدى.
[43] ۋە ئۇنىڭ كۆزى شۇئان ئېچىلدى؛ ئۇ ئەيساغا ئەگىشىپ، يول بويى
خۇدانى ئۇلۇغلاپ ماڭدى. ۋە بارلىق خالايىقمۇ بۇنى كۆرۈپ خۇداغا
مەدھىيە ئوقۇدى.

## ئەيسا بىلەن زاكاي

19 [1] ئۇ يېرىخو شەھىرىگە كىرىپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.
[2] مانا شۇ يەردە زاكاي ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ
«باش باجگىر» بولۇپ، ئىنتايىن باي ئىدى. [3] ئۇ ئەيسانىڭ قانداق
ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە پۇرسەت ئىزدەۋاتاتتى، لېكىن بويى
پاكار بولغاچقا، خەلقنىڭ تولىلىقىدىن ئۇنى كۆرەلمەيتتى. [4] شۇڭا ئۇ
ئالدى تەرەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر تۈپ ئۈجمە
دەرىخىگە يامىشىپ چىقتى؛ چۈنكى ئەيسا ئۇ يول بىلەن ئۆتەتتى.
[5] ۋە ئەيسا ئۇ يەرگە كەلگەندە يۇقىرىغا قاراپ ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:
ــ زاكاي، چاپسان چۈشكىن! چۈنكى مەن بۈگۈن سېنىڭ ئۆيۈڭدە
قونۇشۇم كېرەك، ــ دېدى.
[6] ئۇ ئالدىراپ چۈشۈپ، خۇشاللىق بىلەن ئۇنى ئۆيىدە مېهمان
قىلدى. [7] بۇ ئىشنى كۆرگەن خالايىقنىڭ ھەممىسى: ئۇ گۇناھكار
كىشىنىڭكىدە قونغىلى كىرىپ كەتتى! ــ دەپ غوتۇلدىشىپ كەتتى.

2:19 **«شۇ يەردە زاكاي ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدىكى «زاكاي» گرېك تىلىدا «زاكېئۇس» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.
7:19 **«بۇ ئىشنى كۆرگەن خالايىقنىڭ ھەممىسى: ئۇ گۇناھكار كىشىنىڭكىدە قونغىلى كىرىپ كەتتى! ـــ دەپ غوتۇلدىشىپ كەتتى»** ــ خالايىقنىڭ نارازى بولۇپ ھەيران قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى باجگىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدامچى، «باش

[8]لېكىن زاكاي ئورنىدىن تۇرۇپ رەبگە: ــ ئى رەببىم، مانا، مۈلكۈمنىڭ
يېرىمىنى يوقسۇللارغا بېرىمەن؛ ئەگەر بىراۋنى يالغاندىن شىكايەت
قىلىپ ئۇنىڭدىن بىرنېمە ئۇندۇرۇۋالغان بولسام بىرىگە تۆتنى
قايتۇرىمەن، ــ دېدى.
[9]ئۇنىڭ بىلەن ئەيسا ئۇنىڭغا قاراپ: ــ بۈگۈن نىجات بۇ ئۆيگە
كىردى. چۈنكى بۇ كىشى ھەم ئىبراھىمنىڭ ئوغلىدۇر! [10]چۈنكى
ئىنسانئوغلى ئىزىپ كەتكەنلەرنى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى، ــ
دېدى.

## ساداقەتلىك بولۇشنىڭ لازىملىقى

مات. 25:14-30

[11]خالايىق بۇ سۆزلەرنى تىڭشاۋاتقاندا ئۇ يەنە سۆز قىلىپ بىر
تەمسىلنى قوشۇپ ئېيتتى. چۈنكى ئۇ يېرۇسالېمغا يېقىنلاشقانىدى
ۋە ئۇلار: «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى دەرھال نامايان بولىدىغۇ!؟» ــ دەپ
ئويلاشقانىدى. [12]شۇڭا ئۇ مۇنداق دېدى: بىر ئاقسۆڭەك پادىشاھلىق
تەختىگە ئېرىشىپ كېلىش ئۈچۈن يىراق بىر يۇرتقا قاراپ يولغا

---

باجگىر» تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى.
9:19 **«بۈگۈن نىجات بۇ ئۆيگە كىردى»** ــ «يەش.» 13:46؛ 5:51، 6؛ 1:56نى كۆرۈڭ.
**«چۈنكى بۇ كىشى ھەم ئىبراھىمنىڭ ئوغلىدۇر!»** ــ «ئىبراھىمنىڭ بىر ئوغلىدۇر» مۇشۇ يەردە دېگەن مەنىسى، ئۇ ئېتىقاد يولىدا ئىبراھىمغا «پەرزەنت بولغان»، روھىي جەھەتتە ئىبراھىمنى ئۈلگە قىلىپ ھەقىقىي ھاياتقا ئېرىشكەن.
**9:19** لۇقا 16:13.
**10:19** مات. 6:10؛ 24:15؛ 11:18؛ روس. 46:13.
11:19 **« خالايىق: «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى دەرھال نامايان بولىدىغۇ!؟» ــ دەپ ئويلاشقانىدى»** ــ خالايىق (1) ئەيسانىڭ ياراتقان كۆپ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ كەلگەنىدى؛ (2) يەھۇدىي رەھبەرلەر ۋە چوڭلىرىنىڭ ئەيساغا قارشى چىققانلىقىنى بىلەتتى؛ (3) شۇڭا ئۇلار: ئۇ يېرۇسالېمغا يېتىپ بارغاندا چوقۇم بۇ روھىي دۈشمەنلەرنى، شۇنداقلا «ۋەتەنىمىزنى ئىشغال قىلغان رىم ئىمپېرىيەسىدىكى رەزىل كاپىرلار»نى يوقىتىپ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى بەرپا قىلىدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى.

چىقىپتۇ. [13]ئاۋۋال ئۇ ئۆزىنىڭ ئون قۇلىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ئون
تىللانى ئۇلەشتۇرۇپ بېرىپ: «مەن قايتىپ كەلگۈچە بۇنىڭ بىلەن
ئوقەت قىلىڭلار» ــ دەپتۇ. [14]بىراق ئۆز يۇرت پۇقرالىرى ئۇنىڭغا
ئۆچ بولغاچقا، كەينىدىن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ: «بۇ كىشىنىڭ
ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولۇشىنى خالىمايمىز!» دەپتۇ.
[15]ۋە ئۇ پادىشاھلىق مەنسىپىگە ئېرىشىپ قايتىپ كەلگەندە شۇنداق
بولدىكى، ھەربىرىنىڭ تىجارەت بىلەن قانچە پايدا تاپقىنىنى
بىلمەكچى بولۇپ، پۇلنى تاپشۇرغان ھېلىقى قۇللىرىنى ئۆز ئالدىغا
چاقىرتىپتۇ. [16]ۋە ئاۋۋالقىسى كېلىپ: «ئى خوجام، سىلى بەرگەن تىللا
ئون تىللا پايدا قىلدى» دەپتۇ. [17]«يارايسەن، ئەي ياخشى قۇل! سەن
كىچىككىنە ئىشتا ئىشەنچلىك چىققانلىقىڭ ئۈچۈن ئون شەھەرگە
ھاكىم بولغىن» ــ دەپتۇ خوجايىن ئۇنىڭغا. [18]ئىككىنچىسى كېلىپ:
«ئى خوجام، سىلى بەرگەن تىللا بەش تىللا پايدا قىلدى» دەپتۇ.
[19]خوجايىن ئۇنىڭغا ھەم: «سەن ھەم بەش شەھەرگە ھاكىم بولغىن»
دەپتۇ.
[20]لېكىن يەنە بىرسى كېلىپ: «ئى خوجام، مانا سىلى بەرگەن تىللا!
بۇنى ياغلىققا چىگىپ بىر جايدا قويۇپ ساقلىدىم. [21]چۈنكى سىلى
قاتتىق ئادەم ئىكەنلا، سىلى ئامانەت قىلمىغانلىرىدىن پايدا
ئۈندۈرۈپ، ئۆزلىرى تېرىمىغانلىرىدىن ھوسۇل يىغىلا. شۇنىڭ ئۈچۈن

---

**12:19** مات. 14:25؛ مار. 34:13.

13:19 **«... ئۇ ئۆزىنىڭ ئون قۇلىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ئون تىللانى ئۇلەشتۇرۇپ بېرىپ...»** ــ «تىللا» گرېك تىلىدا «مىنا». بۇ پۇل بىر ئىشچىنىڭ ئۈچ-تۆت ئايلىق ھەققىگە باراۋەر ئىدى.

14:19 **«بىراق ئۆز يۇرت پۇقرالىرى ئۇنىڭغا ئۆچ بولغاچقا، كەينىدىن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ: «بۇ كىشىنىڭ ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولۇشىنى خالىمايمىز!» دەپتۇ»** ــ بۇ تەمسىلدىكى پادىشاھ «بۈيۈك ھېرود»قا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ «بۈيۈك ھېرود» مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 40-يىلىدا يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھلىقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن رىمغا باردى؛ لېكىن ئىسرائىللار ئۇنىڭغا قارشى چىققاچقا، پەقەت 37-يىلىدا پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى «ھېرود ئارقېلائۇس»نىڭ تارىخمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

سىلىدىن قورقتۇم» دەپتۇ.
[22]ئەمما خوجايىنى ئۇنىڭغا: «ئەي ئەسكى قۇل، ساڭا ئۆز ئاغزىڭدىن
چىققان سۆزلىرىڭ بويىچە ھۆكۈم قىلاي. سەن مېنىڭ ئامانەت
قىلماي ئۇندۇرۇۋالىدىغان، تېرىماي تۇرۇپ يىغىۋالىدىغان قاتتىق
ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، [23]نېمە ئۈچۈن مېنىڭ پۇلۇمنى
خەزىنىچىلەرگە ئامانەت قويمىدىڭ؟ مەن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى
ئۆسۈمى بىلەن ئالماسمىدىم؟» ــ دەپتۇ. [24]ئاندىن ئۇ يېنىدىكىلەرگە:
«ئۇنىڭدىكى تىللانى ئېلىپ ئون تىللا تاپقان قۇلغا بېرىڭلار!» دەپ
بۇيرۇپتۇ. [25]ئۇلار ئۇنىڭغا: «ئى خوجا، ئۇنىڭ ئون تىللاسى تۇرسا!» ــ
دەپتىكەن، [26]ھوجايىن يەنە مۇنداق دەپتۇ: «ــ چۈنكى مەن سىلەرگە
شۇنى ئېيتايكى، كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ؛
ئەمما كىمدە يوق بولسا، ھەتتا ئۇنىڭدا بار بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن
مەھرۇم قىلىنىدۇ. [27]ئەمدى ئۈستىگە پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈم
سۈرۈشۈمنى خالىمىغان دۈشمەنلىرىمنى بولسا، ئۇلارنى كەلتۈرۈپ،
مېنىڭ ئالدىمدا قەتل قىلىڭلار».

---

**21:19 «سىلى ئامانەت قىلمىغانلىرىدىن پايدا ئۇندۇرۇپ،...»** ــ «ئامانەت قىلىش» مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا ئادەتتە پۇلنى بانكىغا سالغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سىلى سالمىغانلىرىنى يىغىپ ئېلىپ،...».

**22:19** 2سام. 16:1؛ مات. 37:12.

**26:19 «كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ...»** ــ «بۇ ئەھمىيەتلىك سۆز «مات.» 12:13، 29:25 ۋە «مار.» 25:4دىمۇ تېپىلىدۇ. بۇ «بار بولسا» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئەبەدىي ئەھمىيەتلىك بىرەر نەرسە بولسا كېرەك، بۇ چوقۇم ئىمان-ئىشەنچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە «ئەبەدىي ئەھمىيەتلىك» ھەربىرنېمە بولۇشى ئۈچۈن پەقەت مەسىھتىنلا تاپالايمىز، ئەلۋەتتە.

**26:19** مات. 12:13؛ 29:25؛ مار. 25:4؛ لۇقا 18:8.

## ئەيسانىڭ تەنتەنە بىلەن يېرۇسالېمغا كىرىشى

مات. 1:21-11؛ مار. 11:1-11؛ يۇھ. 12:12-19

[28] ئۇ بۇ ئىشلارنى ئېيتقاندىن كېيىن، يېرۇسالېمغا چىقىشقا ئالدىغا
قاراپ ماڭدى. [29] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ زەيتۇن تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى
بەيت-فاگى ۋە بەيت-ئانىيا يېزىلىرىغا يېقىن كەلگىنىدە، ئىككى
مۇخلىسىغا مۇنۇلارنى تاپىلاپ ئالدىن ئەۋەتتى:
[30] — سىلەر ئۇدۇلۇڭلاردىكى يېزىغا بېرىڭلار. ئۇ يەرگە كىرىپلا ھېچ
ئادەم بالىسى مىنىپ باقمىغان، باغلاقلىق بىر تەخەيىنى كۆرىسىلەر.
ئۇنى يېشىپ بۇ يەرگە يېتىلەپ كېلىڭلار. [31] ئەگەر بىرسى سىلەردىن:
«نېمىشقا بۇنى يېشىسىلەر؟» دەپ سوراپ قالسا، سىلەر ئۇنىڭغا:
«رەببىنىڭ بۇنىڭغا ھاجىتى چۈشتى» — دەڭلار.
[32] شۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىلگەنلەر بېرىۋىدى، ئىش دەل ئۇ ئۇلارغا
ئېيتقاندەك بولدى. [33] ئۇلار تەخەيىنى يېشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىگىلىرى
ئۇلاردىن: — تەخەيىنى نېمىشقا يېشىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
[34] ئۇلار: — رەببىنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشتى، — دېدى.
[35] ئۇلار ئۇنى ئەيسانىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كەلدى؛ ۋە يېپىنچا-
چاپانلىرىنى تەخەيىنىڭ ئۈستىگە سېلىپ، ئەيسانى يۆلەپ ئۈستىگە
مىندۈردى. [36] ئۇ كېتىپ بارغىنىدا، خەلقلەر يېپىنچا-چاپانلىرىنى
يولغا پاياندار قىلىپ سالدى. [37-38] ۋە ئۇ زەيتۇن تېغىدىن چۈشۈش
يولىغا يېقىنلاشقىنىدا، پۈتكۈل مۇخلىسلار جامائىتى شادلىنىپ،
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قۇدرەتلىك مۆجىزىلەر ئۈچۈن ئاۋازىنى

---

**28:19 «ئۇ... ئالدىغا قاراپ ماڭدى»** — ياكى «مۇخلىسلار ئالدىدا ماڭدى» ياكى «توپنىڭ ئالدىدا ماڭدى».

**29:19** مات. 1:21؛ مار. 1:11.

**30:19 «...ھېچ ئادەم بالىسى مىنىپ باقمىغان، باغلاقلىق بىر تەخەيىنى كۆرىسىلەر»** — «ھېچ ئادەم بالىسى مىنىپ باقمىغان بىر تەخەي»گە ئاۋارىسىز مىنىش ئادەتتە مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

**30:19** زەب. 1:24

**35:19** يۇھ. 14:12.

**كۆتۈرۈپ: «پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگەن پادىشاھ مۇبارەكتۇر!**
**ئاسمانلاردا تىنچ-ئىناقلىق تىكلەنگەي، ئەرشئەلادا شان-شەرەپ**
**ئايان بولغاي!» دەپ تووۋلىشىپ خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىدى.**
**39 لېكىن توپنىڭ ئىچىدە بەزى پەرىسىيلەر ئۇنىڭغا: ــ ئەي ئۇستاز،**
**مۇخلىسلىرىڭغا مۇشۇ گەپلىرى ئۈچۈن تەنبىھ بەر! ــ دېيىشتى.**
**40 بىراق ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن: ــ سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، بۇلار جىم**
**تۇرغان بولسا، ھەتتا بۇ تاشلارمۇ چۇقان سېلىشقان بولاتتى، ــ دېدى.**

## ئەيسانىڭ يېرۇسالېم ئۈچۈن قايغۇرۇپ يىغلىشى

**41 ئەمدى ئۇ شەھەرگە يېقىنلىشىپ ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ**
**مۇنداق دېدى:**
**42 ــ ئى يېرۇسالېم! سەن بۈگۈن، بۇ كۈنۈڭدە، تىنچ-ئامانلىقىڭ**
**ئۈچۈن نېمە كېرەك بولغىنىنى بىلسەڭ ئىدى! كاشكى، بۇ ئىشلار**
**ھازىر كۆزلىرىڭدىن يوشۇرۇندۇر. 43 چۈنكى شۇنداق كۈنلەر بېشىڭغا**

---

38-37:19 **«پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگەن پادىشاھ مۇبارەكتۇر!»** ــ «زەب.» 38:118. **ئاسمانلاردا تىنچ-ئىناقلىق تىكلەنگەي، ئەرشئەلادا شان-شەرەپ ئايان بولغاي!»** ــ مۇشۇ سۆزلەرنى «لۇقا» 14:2دىكى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. «ئاسمانلاردا تىنچ-ئىناقلىق بولغاي» دېگەن سۆز ئىنتايىن سىرلىق گەپتۇر: پىكرىمىزچە، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەلكىم: ــ (1) خۇدانىڭ ئىنسانلار بىلەن ياراشتۇرۇلغانلىقىدىن چىققان ئىناقلىق **ئەرشتە** بىلىنىدۇ («ئەف.» 6-1:2، 14نى كۆرۈڭ)؛ (2) مەسىھنىڭ ئۆلۈمى بىلەن شەيتاننىڭ ئەرشكە چىقىپ، خۇدانىڭ نامىنى ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن يالغان ئەرز-شىكايەت قىلىش يولى مۇتلەق تۈگىتىلىدۇ (مەسىلەن، «ئايۇپ» 12-6:1، 2:1-6، «ئىبر.» 23:9نى كۆرۈڭ). **«پۈتكۈل مۇخلىسلار جامائىتى شادلىنىپ... ئاسمانلاردا تىنچ-ئىناقلىق تىكلەنگەي، ئەرشئەلادا شان-شەرەپ ئايان بولغاي!» دەپ تووۋلىشىپ خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىدى»** ــ ئۇلار جاكارلايدىغان ئىش ــ بىز ئەگەشكەن بۇ ناسارەتلىك ئەيسا دەل خۇدا ئەۋەتكەن مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى، يەھۇدىيلارنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل جاھاننىڭ پادىشاھىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈننى، خۇدانىڭ ئۆز خەلقى بولغان يەھۇدىيلارغا ئوچۇق ھالدا: «ئۇ، مانا مەن سىلەرگە ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىڭلار ۋە پادىشاھىڭلاردۇر ــ ئۇنى قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەپ ئېتىقاد قىلىش پۇرسىتىنى بەرگەن كۈن دېيىشكە بولىدۇ.

**38-37:19** زەب. 26:118؛ لۇقا 14:2؛ ئەف. 14:2.

**40:19** هاب. 11:2.

كېلىدۇكى، دۈشمەنلىرىڭ ئەتراپىڭنى قاشا-ئىستىھكام بىلەن
قورشاپ سېنى قاماپ تۆت تەرەپتىن قىستايدۇ. [44] ئۇلار سېنى ۋە
سېپىلىڭنىڭ ئىچىدىكى باللىرىڭنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىپ،
ھەتتا تاشنى تاشنىڭ ئۈستىدىمۇ قالدۇرمايدۇ؛ چۈنكى خۇدانىڭ
سېنى يوقلىغان پەيتىنى بىلىپ يەتمىدىڭ.

## ئەيسانىڭ ئىبادەتخانىنى تازىلىشى

مات. 21:12-17؛ مار. 11:15-19؛ يۇھ. 2:13-22

[45] ۋە ئۇ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا كىرىپ، ئۇ يەردە ئېلىم-سېتىم
قىلىۋاتقانلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ، [46] ئۇلارغا: ــ مۇقەددەس يازمىلاردا:
«مېنىڭ ئۆيۈم دۇئا-تىلاۋەتخانا بولىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن بولسىمۇ،
لېكىن سىلەر ئۇنى «بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسى» قىلىۋالدىڭلار! ــ
دېدى.
[47] شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ھەركۈنى ئىبادەتخانىدا تەلىم بېرەتتى. باش
كاھىنلار، تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە يۇرت چوڭلىرى ئۇنى يوقىتىشقا
ئامال ئىزدىدى. [48] لېكىن ئۇلار قانداق قول سېلىشنى بىلمەيتتى،
چۈنكى بارلىق خەلق ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاتتىق
يېپىشقانىدى.

---

44:19 **«خۇدانىڭ سېنى يوقلىغان پەيتى»** ــ دېمەك، خۇدا يېقىن كېلىپ شاپائەت كۆرسەتكەن پەيت. مۇشۇ ئايەتلەردە مەسىھ رىملىقلارنىڭ مىلادىيە 70-يىلى يېرۇسالېمنى قورشىۋېلىپ ئىشغال قىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتىپ بېشارەت بېرىدۇ.

**44:19** 1پاد. 7:9، 8؛ مىك. 3:12؛ مات. 24:1، 2؛ مار. 13:2؛ لۇقا 21:6.

46:19 **«مېنىڭ ئۆيۈم دۇئا-تىلاۋەتخانا بولىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن سىلەر ئۇنى «بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسى»** ــ «يەش.» 56:7، «يەر.» 7:11نى كۆرۈڭ.

**46:19** 1پاد. 8:29؛ يەش. 56:7؛ يەر. 7:11؛ مات. 21:13؛ مار. 11:17.

**47:19** مار. 11:18؛ يۇھ. 7:19؛ 8:37.

## ئاسماندىكى ھوقۇق

مات. 23:21-27؛ مار. 27:11-33

20 1 ۋە شۇ كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىلىرىدا
خەلققە تەلىم بېرىپ خۇش خەۋەرنى ئېلان قىلىۋاتقاندا، باش
كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى بىلەن ئاقساقاللار ئۇنىڭ ئالدىغا
كېلىپ ئۇنىڭدىن: 2 ــ بىزگە ئېيتقىن: سەن قىلىۋاتقان بۇ ئىشلارنى
قايسى ھوقۇققا ئاساسەن قىلىۋاتىسەن؟ ساڭا بۇ ھوقۇقنى كىم
بەرگەن؟ ــ دەپ سورىدى.
3 ئۇ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ مەنمۇ سىلەردىن بىر ئىشنى سوراي؛
سىلەر ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ، 4 ــ يەھيا يۈرگۈزگەن چۆمۈلدۈرۈش
ئەرشتىنمۇ، ياكى ئىنسانلاردىنمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
5 ئۇلار ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىشىپ:
ئەگەر «ئەرشتىن كەلگەن» دېسەك، ئۇ بىزگە: «ئۇنداقتا، سىلەر نېمە
ئۈچۈن يەھياغا ئىشەنمىدىڭلار؟» دەيدۇ. 6 ئەگەر: «ئىنسانلاردىن
كەلگەن» دېسەك، بۇ بارلىق خالايىق بىزنى چالما-كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار يەھيانىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە
ئىشەندۈرۈلگەن، ــ دېيىشتى.
7 ۋە ئۇلار: ــ ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيمىز،
ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.
8 ئەيسا ئۇلارغا: ــ ئۇنداقتا، مەنمۇ بۇ ئىشلارنى قايسى ھوقۇققا
ئاساسەن قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتمايمەن، ــ دېدى.

**1:20** مات. 23:21؛ مار. 27:11؛ روس. 7:4؛ 27:7.

5:20 **«ئەگەر «ئەرشتىن كەلگەن» دېسەك، ئۇ بىزگە: «ئۇنداقتا، سىلەر نېمە ئۈچۈن يەھياغا ئىشەنمىدىڭلار؟»»** ــ مۇشۇ دىنىي ئەربابلارنىڭ ھەممىسى يەھيا پەيغەمبەرنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە جاۋابەن: «بىزگە توۋا قىلىش كېرەك ئەمەس» دېگەن ۋە يەھيا «مېنىڭ كەينىمدە كېلىدىغان» دەپ كۆرسەتكەن مەسىھنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈشىنى رەت قىلغاندى، ئەلۋەتتە.

## رەزىل ئىجارىكەشلەر ھەققىدىكى تەمسىل

مات. 21:33-46؛ مار. 12:1-12

[9] ئۇ خالايىققا مۇنۇ تەمسىلنى سۆزلەشكە باشلىدى: ــ «بىر كىشى
بىر ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىپ، ئۇنى باغۋەنلەرگە ئىجارىگە بېرىپ،
ئۆزى ياقا يۇرتقا بېرىپ ئۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپتۇ. [10] ئۈزۈملەرنى
يىغىدىغان مەزگىل كەلگەندە باغۋەنلەرنىڭ ئۈزۈمزارلىقتىكى
مېۋىدىن ئۇنىڭغا بېرىشكە قۇللىرىدىن بىرىنى ئۇلارنىڭ يېنىغا
ئەۋەتىپتۇ. لېكىن باغۋەنلەر ئۇنى ئۇرۇپ-دۇمبالاپ قۇرۇق قول
ياندۇرۇۋېتىپتۇ.
[11] ئۇ يەنە باشقا بىر قۇلنى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن ئۇلار ئۇنىمۇ دۇمبالاپ،
خارلاپ، يەنە قۇرۇق قول قايتۇرۇۋېتىپتۇ. [12] ئۇ يەنە ئۈچىنچىسىنى
ئەۋەتىپتۇ؛ ئۇلار ئۇنىمۇ ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، تالاغا ھەيدەپ
چىقىرىۋېتىپتۇ. [13] ئاخىردا ئۈزۈمزارلىقنىڭ خوجايىنى: «قانداق
قىلسام بولار؟ سۆيۈملۈك ئوغلۇمنى ئەۋەتەي؛ ئۇلار ئۇنى كۆرسە، ھېچ
بولمىغاندا ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلار؟» دەپتۇ. [14] بىراق باغۋەنلەر ئۇنىڭ
ئوغلىنى كۆرۈپ بىر-بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ: «بۇ بولسا
مىراسخور؛ كېلىڭلار، ئۇنى جايلىۋېتەيلى، ئاندىن مىراس بىزنىڭكى
بولىدۇ» دېيىشىپتۇ. [15] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئۈزۈمزارلىقنىڭ
سىرتىغا ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئەمدى بۇنداق ئەھۋالدا
ئۈزۈمزارلىقنىڭ خوجايىنى ئۇلارنى قانداق قىلىدۇ؟ [16] ئۇ كېلىپ ئۇ
باغۋەنلەرنى يوقىتىپ ئۈزۈمزارلىقنى باشقىلارغا تاپشۇرىدۇ».
خالايىق بۇنى ئاڭلاپ: ــ بۇنداق ئىشلار ھەرگىز بولمىسۇن! ــ دېيىشتى.

---

**9:20** زەب. 80:8-9؛ يەش. 5:1؛ يەر. 2:21؛ 12:10؛ مات. 21:33؛ مار. 12:1.

**14:20** يار. 37:18؛ زەب. 2:1، 8؛ مات. 26:3؛ 27:1؛ يۇھ. 11:53؛ ئىبر. 1:2.

15:20 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئۈزۈمزارلىقنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ»** ــ بۇ مەسىھنىڭ يېرۇسالېمنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىپ كرېستكە مىخلىنىدىغانلىقىغا بىر بىشارەت.

16:20 **« ئۈزۈمزارلىقنىڭ خوجايىنى كېلىپ ئۇ باغۋەنلەرنى يوقىتىپ ئۈزۈمزارلىقنى باشقىلارغا تاپشۇرىدۇ»** ــ بۇ سۆزمۇ بېشارەت، ئەلۋەتتە.

[17] لېكىن ئۇ ئۇلارغا كۆزلىرىنى تىكىپ مۇنداق دېدى:
ئۇنداق بولسا، مۇقەددەس يازمىلاردا «تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش
بولسا،
بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەندى» دەپ يېزىلغان سۆز زادى نېمىنى
كۆرسىتىدۇ؟
[18] بۇ «تاش»قا يىقىلغان كىشى پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ؛ لېكىن بۇ تاش
ھەركىمنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، ئۇنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىدۇ.

## «باج تاپشۇرامدۇق؟» دېگەن قىلتاق

مات. 22:15-22؛ مار. 12:13-17

[19] باش كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى ئۇنىڭ بۇ تەمسىلى ئۆزلىرىگە
قارىتىپ ئېيتقانلىقىنى بىلىپ شۇ ھامان ئۇنىڭغا قول سېلىش
يولىنى ئىزدىدى؛ لېكىن ئۇلار خالايىقتىن قورقۇشتى. [20] شۇڭا ئۇلار
ئۇنىڭ كەينىدىن ماراپ، ئۇنى رىم ۋالىيسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا
سوراققا تارتىشقا تاپشۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە ئادەملەرنى
سېتىۋېلىپ، سوقۇنۇپ كىرىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار سەممىي قىياپەتكە
كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىدىن يوچۇق ئىزدەپ يۈرەتتى. [21] ئۇلار ئۇنىڭغا

17:20 **«تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش بولسا، بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەندى»** — «زەب.» 22:118. «بۇرجەك تېشى» بولسا ھەرقانداق ئىمارەتنىڭ ئۇلىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇيۇلتاش بولۇپ، ئۇل سېلىنغاندا بىرىنچى بولۇپ قويۇلىدىغان تاشتۇر. يەھۇدىي كاتتىۋاشلار ھاياتىنىڭ بۇرجەك تېشى بولغان مەسىھنى تاشلىۋەتمەكچى ئىدى، ۋە دەرۋەقە تاشلىۋەتتى.
**17:20** زەب. 22:118؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛ مات. 21:42؛ مار. 12:10؛ روس. 4:11؛ رىم. 9:33؛ 1پېت. 2:4، 7.
18:20 **«بۇ «تاش»قا يىقىلغان كىشى پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ؛ لېكىن بۇ تاش ھەركىمنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، ئۇنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىدۇ»** — «تاش» بولسا مەسىھ ئۆزى، ئەلۋەتتە. 17-ئايەتنى كۆرۈڭ. ئەيسانىڭ بۇ سۆزى توغرۇلۇق «ماتتا»غا بېرىلگەن «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىكى ««زەب.» 22:118 توغرۇلۇق» مەزمۇننى كۆرۈڭ.
**18:20** يەش. 8:15؛ دان. 2:34؛ زەك. 12:3.
20:20 **«ئۇلار سەممىي قىياپەتكە كىرىۋېلىپ،...»** — «سەممىي» گرېك تىلىدا «ھەققانىي» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
**20:20** مات. 22:16؛ مار. 12:13.

مۇنداق سوئال قويدى: ــ ئەي ئۇستاز، سىلىنى دۇرۇس سۆز قىلىدىغان
ۋە دۇرۇس تەلىم بېرىدىغان، ھېچقانداق ئادەمنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى
قەتئىي قىلمايدىغان، بەلكى خۇدانىڭ يولىنى سادىقلىق بىلەن
ئۆگىتىپ كېلىۋاتقان ئادەم دەپ بىلىمىز. 22 رىم ئىمپېراتورى قەيسەرگە
باج-سېلىق تاپشۇرۇش تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ-يوق؟».
23 ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى كۆرۈپ يېتىپ ئۇلارغا: ــ نېمىشقا
مېنى سىنىماقچىسىلەر؟ 24 ماڭا بىر كۈمۈش دىنار كۆرسىتىڭلار.
بۇنىڭ ئۈستىدىكى سۈرەت ۋە نام-ئىسىم كىمنىڭ؟ ــ دېدى. ئۇلار
ئۇنىڭغا: قەيسەرنىڭكى، ــ دېدى.
25 ۋە ئۇ ئۇلارغا: ــ ئۇنداق بولسا، قەيسەرنىڭ ھەققىنى قەيسەرگە،
خۇدانىڭ ھەققىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار، ــ دېدى. 26 ئۇلار خالايىقنىڭ

---

22:20 **«رىم ئىمپېراتورى قەيسەر...»** ــ رىمنىڭ ھەربىر ئىمپېراتورىغا «قەيسەر» دېگەن نام-ئۇنۋان بېرەلەتتى؛ مەسىلەن قەيسەر ئاۋغۇستۇس، قەيسەر يۇلىئۇس، قەيسەر تىبېرىئۇس قاتارلىقلار. **«رىم ئىمپېراتورى قەيسەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇش تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ-يوق؟»** ــ ئەينى ۋاقىتتا، يەھۇدىيلار رىملىقلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ياشاۋاتقانىدى. ئەگەر ئەيسا: «رىم ئىمپېراتورىغا باج تاپشۇرۇش توغرا» دېسە، بۇ گەپتىن ئازادلىقنى ئىستىگەن كىشىلەر ئۇنى «مانا تازا بىر يالاقچى، خائىن ئىكەن» دەپ تىللىشاتتى. «باج تاپشۇرماسلىق كېرەك» دېگەن بولسا، ئۇ رىم ئىمپېرىيەسىگە قارشى چىققان بولاتتى؛ ئاندىن ئۇلار ئۇنى رىم ۋالىيسىغا ئەرز قىلغان بولاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق ئەيسانى گېپىدىن تۇتۇۋېلىپ، رىملىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇشقان.
23:20 **«نېمىشقا مېنى سىنىماقچىسىلەر؟»** ــ مۇشۇ سۆزلەر بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ.
24:20 **«ماڭا بىر كۈمۈش دىنار كۆرسىتىڭلار»** ــ «بىر كۈمۈش دىنار» گرېك تىلىدا «بىر دىنارىئۇس»، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پۇل بىرلىكى. مۇشۇنداق پۇلنىڭ يۈزىدە «ئادەمنىڭ سۈرىتى» كۆرسىتىلگەن بولغاچقا، يەھۇدىي موللىلار مۇنداق پۇلنى «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»غا ئېلىپ كىرىشنى مەنئىي قىلغانىدى.
—بىر دىنار تەخمىنەن بىر ئادەمنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى بولاتتى.
25:20 **«قەيسەرنىڭ ھەققىنى قەيسەرگە، خۇدانىڭ ھەققىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار»** ــ قەيسەرگە قەيسەرنىڭ ھەققى (ئۇنىڭ سۈرىتى بولغان نەرسە)نى تاپشۇرۇڭلار ــ دېمەك، باج تۆلەش كېرەك. ئەمما قانداق نەرسە ئۈستىدە «خۇدانىڭ سۈرىتى» بار؟ ئىنسان ئۆزى «خۇدانىڭ سۈرىتى» بولۇپ، بىز پۈتۈنىمىزنى خۇداغا تاپشۇرىشىمىز كېرەكتۇر («يار.» 1:26-27نى كۆرۈڭ).
**25:20** يار. 26:1؛ مات. 25:17؛ 21:22؛ رىم. 7:13.

ئالدىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنى تۇتۇۋالغۇدەك ھېچقانداق يوچۇق
تاپالمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا ھەيرانۇھەس بولۇپ، زۇۋانى
تۇتۇلدى.

## تىرىلىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە

مات. 22:23-33؛ مار. 12:18-27

27 ۋە «ئۆلگەنلەر تىرىلمەيدۇ» دەپ ئىنكار قىلىدىغان سادۇقىيلارنىڭ
بەزىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوئال قويۇپ مۇنداق دېدى:
28 ــ ئۇستاز، مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتا بىزگە: «ئايالى بار، ئەمما
پەرزەنت كۆرمىگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلگۈچىنىڭ ئاكا ياكى
ئىنىسى تۇل قالغان يەڭگىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، قېرىندىشى
ئۈچۈن نەسىل قالدۇرۇشى كېرەك» ــ دەپ يازغان.
29 ئەمدى يەتتە ئاكا-ئۇكا بار ئىدى. چوڭى ئۆيلەنگەندىن كېيىن
پەرزەنت كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. 30 ئىككىنچى قېرىندىشى ئايالىنى
ئەمرىگە ئېلىپ، پەرزەنت كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. 31 ئاندىن
ئۈچىنچىسى ئۇنى ئالدى؛ شۇنداق قىلىپ، يەتتىسى ئۇنى ئەمرىگە
ئېلىپ پەرزەنت كۆرمەي ئۆلدى. 32 ھەممىسىدىن كېيىن ئايالمۇ ئۆلدى.
33 ئەمدى تىرىلىش كۈنىدە بۇ ئايال ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭكى بولار؟
چۈنكى يەتتىسى ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغان-دە؟!

---

**27:20 «سادۇقىيلار»** ــ بۇ دىنىي مەزھەپ توغرۇلۇق «مات.» 1:16دىكى ئىزاھاتنى ۋە «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**27:20** مات. 23:22؛ مار. 18:12؛ روس. 8:23.

**28:20 «ئايالى بار، ئەمما پەرزەنت كۆرمىگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلگۈچىنىڭ ئاكا ياكى ئىنىسى تۇل قالغان يەڭگىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، قېرىندىشى ئۈچۈن نەسىل قالدۇرۇشى كېرەك»** ــ «قان.» 5:25.

**28:20** قان. 5:25-6.

**30:20 «ئىككىنچى قېرىندىشى ئايالىنى ئەمرىگە ئېلىپ، پەرزەنت كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتتى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئايالىنى ئەمرىگە ئېلىپ، پەرزەنت كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتتى» دېگەن سۆز تېپىلماي، پەقەت «ئىككىنچى...» دېيىلىدۇ.

**[34] ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:**
**بۇ ئالەمنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆيلىنىدۇ، ياتلىق بولىدۇ. [35] لېكىن ئۇ**
**ئالەمدىن نېسىۋە بولۇشقا، شۇنداقلا ئۆلۈكلەردىن تىرىلىشكە**
**لايىق سانالغانلار ئۆيلەنمەيدۇ، ياتلىق بولمايدۇ. [36] چۈنكى ئۇلار يەنە**
**ئۆلمەيدۇ، پەرىشتىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ؛ «ئۆلۈمدىن تىرىلىشتىن**
**تۇغۇلغان پەرزەنتلەر» بولغاچقا، ئۇلار خۇدانىڭ ئوغۇللىرىدۇر.**
**[37] ئەمدى ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىنى ھەتتا مۇسا پەيغەمبەر**
**ئۆزىمۇ ئايان قىلغان؛ چۈنكى تەۋراتتىكى «تىكەنلىك» دېگەن**
**ۋەقەنىڭ خاتىرىسىدە ئۇ پەرۋەردىگارنى: «ئىبراھىمنىڭ خۇداسى،**
**ئىسھاقنىڭ خۇداسى ۋە ياقۇپنىڭ خۇداسى» دەپ بايان قىلغان. [38] ئۇ**
**ئۆلۈكلەرنىڭ خۇداسى ئەمەس، بەلكى تىرىكلەرنىڭ خۇداسىدۇر؛**
**چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممەيلەن تىرىكتۇر!**
**[39] شۇنىڭ بىلەن تەۋرات ئۇستازلىرىدىن بىرقانچىسى باھا بېرىپ: —**
**ئۇستاز، ياخشى ئېيتتىڭ، — دېدى. [40] چۈنكى ئۇلاردىن ھېچكىم يەنە**
**ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.**

---

**34:20 «بۇ ئالەمنىڭ پەرزەنتلىرى...»** — گرېك تىلىدا «بۇ زاماننىڭ ئوغۇللىرى...».

**35:20 «ئۆلۈكلەردىن تىرىلىشكە لايىق سانالغانلار...»** — «ئۆلگەنلەردىن تىرىلىش» دېگەنلىك قىزىق ئىبارە بولۇپ، ھەممە ئادەم ئوخشاش ۋاقىتتا تىرىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى تىرىلىش ھەققانىيلارنىڭكى، ئىككىنچى تىرىلىش ئېتىقادسىزلارنىڭكى بولىدۇ. بۇ ھەقىقەت «ۋەھىي» 20-بابتا كۆرۈنىدۇ.

**36:20** 1يۇھ. 2:3.

**37:20 «ئىبراھىمنىڭ خۇداسى، ئىسھاقنىڭ خۇداسى ۋە ياقۇپنىڭ خۇداسى»** — «مىس.» 6:3نى كۆرۈڭ.

**37:20** مىس. 6:3؛ روس. 32:7؛ ئىبر. 16:11.

**38:20 «چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممەيلەن تىرىكتۇر!»** — بەزى ئالىملار «بۇلارنىڭ ھەممىسى» (ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپلارنىڭ ھەممىسى، دېمەكچى) ۋنىڭغا نىسبەتەن تىرىكتۇر!» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بىزنىڭچە «ھەممەيلەن» ھەر ئادەمنىڭ روھىنىڭ خۇدا ئالدىدا تىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. **«چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممەيلەن تىرىكتۇر!»** — ئەيسانىڭ «تىرىلىش» توغرۇلۇق بۇ سۆزلىرى «مات.» 32:22دىمۇ تېپىلىدۇ. «ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئۇلار توغرۇلۇق ئازراق شەرھ بېرىمىز.

## قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ـ داۋۇتنىڭ ئوغلى ھەم رەببى

مات. 22:41-46؛ مار. 12:35-37

[41] ئەمدى ئۇ ئۇلارغا سوئال قويدى: ــ كىشىلەر مەسىھنى قانداقسىگە
داۋۇتنىڭ ئوغلى دەيدۇ؟ [42-43] چۈنكى داۋۇت ئۆزى زەبۇردا: پەرۋەردىگار
مېنىڭ رەببىمگە ئېيتتىكى: ــ
«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلغۇچە،
مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن!» ــ دېگەنغۇ؟
[44] ئەمما داۋۇت ئۇنى «رەببىم» دەپ چاقىرغان يەردە، ئۇنداقتا ئۇ
قانداقمۇ ئۇنىڭ ئوغلى بولىدۇ؟

## ئەيسانىڭ تەۋرات ئۇستازلىرىنى ئەيىبلىشى

مات. 23:1-36؛ مار. 12:38-40؛ لۇقا 11:37-54

[45] ۋە بارلىق خالايىق قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقاندا، ئۇ مۇخلىسلىرىغا
مۇنداق دېدى: ــ
[46] ــ تەۋرات ئۇستازلىرىدىن ھوشيار بولۇڭلار. ئۇلار ئۇزۇن تونلارنى
كىيىۋالغان ھالدا غادىيىپ يۈرۈشكە، بازارلاردا كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا
بولغان سالاملىرىغا، سىناگوگلاردا ئالدىنقى ئورۇنلاردا، زىياپەتلەردىمۇ
تۆردە ئولتۇرۇشقا ئامراق كېلىدۇ. [47] ئۇلار تول ئاياللارنىڭ بارلىق ئۆي-
بىساتلىرىنى يەۋالىدۇ ۋە كۆز-كۆز قىلىپ يالغاندىن ئۇزۇندىن-ئۇزۇن
دۇئالار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تارتىدىغان جازاسى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ!

---

**41:20** مات. 22:42؛ مار. 12:35.

**42:20-43** **«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلغۇچە، مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن!»** ــ «زەب.» 110:1.

**42:20-43** زەب. 110:1؛ روس. 2:34؛ 1كور. 15:25؛ ئىبر. 1:13؛ 10:13.

**46:20** **«...بازارلاردا كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمەتلىك سالاملىرىغا، ... ئامراق كېلىدۇ»** ــ تارىخ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز ئۇستازلىرىغا قىلغان «سالام»لىرىنى ئىنتايىن ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ دەپ بىلىمىز.

**46:20** مات. 23:5، 6؛ مار. 12:38، 39؛ لۇقا 11:43.

**47:20** مات. 23:14؛ مار. 12:40؛ 2تىم. 3:6؛ تىت. 1:11.

## تۇل ئايالنىڭ ئىئانىسى ھەممىسىنىڭكىدىن كۆپ

مار. 12:41-44

21 [1] ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، بايلارنىڭ ئۆز سەدىقىلىرىنى
ئىبادەتخانىدىكى ئىئانە ساندۇقىغا تاشلىغىنىنى كۆردى. [2] ئۇ
يەنە ساندۇققا ئىككى تىيىننى تاشلاۋاتقان بىر نامرات تۇل ئايالنىمۇ
كۆردى. [3] شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ــ مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ
قويايكى، بۇ نامرات تۇل ئايالنىڭ تاشلىغىنى ھەممەيلەننىڭكىدىن
كۆپتۇر. [4] چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاشقانلىرىدىن
ئىئانە قىلىپ، خۇداغا ئاتىغان سادىقىلەرگە قوشۇپ تاشلىدى؛
لېكىن بۇ ئايال نامراتلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك
قىلىدىغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلىپ تاشلىدى.

## كەلگۈسى توغرىسىدىكى بېشارەت

مات. 24:1-14؛ مار. 13:1-13

[5] ۋە بەزىلەر ئىبادەتخانىنىڭ نەپىس تاشلار ۋە خۇداغا
سۇنۇلغان ھەدىيەلەر بىلەن قانداق بېزەلگەنلىكى توغرىسىدا
سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ:
[6] ــ سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ بارلىق نەرسىلەرگە نىسبەتەن، شۇ كۈنلەر
كېلىدۇكى، ھەتتا بىر تال تاشمۇ تاش ئۈستىدە قالدۇرۇلماي،

---

1:21 **«ئۇ... بايلارنىڭ ئۆز سەدىقىلىرىنى ئىبادەتخانىدىكى ئىئانە ساندۇقىغا تاشلىغىنىنى كۆردى»** ــ «ئىئانە ساندۇقى» دېگەن سۆز ئادەتتە گرېك تىلىدا «خەزىنە»نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن مۇشۇ يەردە ئىبادەتخانىدىكى خەزىنە ئۈچۈن سەدىقىلەر يىغىلىدىغان جاي، بەلكىم چوڭ بىر ساندۇقنى كۆرسەتسە كېرەك.

**1:21** 2پاد. 12:10؛ مار. 12:41.

2:21 **«ئۇ يەنە ساندۇققا ئىككى تىيىننى تاشلاۋاتقان بىر نامرات تۇل ئايالنىمۇ كۆردى»** ــ بۇ «تىيىن» (گرېك تىلىدا «لەپتون») «دىنارىئۇس»نىڭ 1/128ى بولۇپ، بىر ئىشلەمچىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى ئىچىدە «ئالتە مىنۇت»لۇق پۇلغا باراۋەر.

**3:21** 2كور. 8:12.

**5:21** مات. 24:1؛ مار. 13:1.

ھەممىسى گۇمران قىلىنىدۇ، ــ دېدى.
[7]ئۇلار ئۇنىڭدىن:
ئۇستاز، بۇ دېگەنلىرىڭ قاچان يۈز بېرىدۇ؟ بۇ ئىشلارنىڭ يۈز
بېرىدىغانلىقىنى ئايان قىلىدىغان قانداق ئالامەت بولىدۇ؟ ــ دەپ
سورىدى. [8]ئۇ مۇنداق دېدى:
ئازدۇرۇلۇپ كېتىشتىن ھېزى بولۇڭلار. چۈنكى تولا كىشىلەر
مېنىڭ نامىمنى سېتىپ: «مانا ئۆزۈم شۇدۇرمەن!» ۋە «ئاشۇ ۋاقىت
يېقىنلاشتى!» دەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. [9]سىلەر
ئۇرۇش ۋە توپىلاڭلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋاقىتىڭلاردىمۇ ۋەھىمىگە
چۈشمەڭلار؛ چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ئاۋۋال يۈز بېرىشى مۇقەررەر.
لېكىن بۇلار، زامان ئاخىرى يېتىپ كەلدى، دېگەنلىك ئەمەس.
[10]ئاندىن ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:
بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ، بىر
پادىشاھلىق يەنە بىر پادىشاھلىق بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ. [11]جاي-
جايلاردا شىددەتلىك يەر تەۋرەشلەر، ئاچارچىلىقلار ۋە ۋابالار بولىدۇ،
يەر يۈزىدە ۋەھشەتلەر ۋە ئاسماندا ھەيۋەتلىك ئالامەتلەر كۆرۈنىدۇ.
[12]بىراق بۇ ھەربىر ۋەقەلەر يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر

---

**6:21** 1پاد. 7:9؛ مك. 12:3؛ لۇقا 44:19.

**8:21 «مانا ئۆزۈم شۇدۇرمەن»** ــ «مانا ئۆزۈم مەسىھدۇرمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. **«ئاشۇ ۋاقىت»** ــ قىيامەت كۈنىنى كۆرسىتىدۇ.

**8:21** يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 2تېس. 2:2؛ 1يۇھ. 1:4.

**10:21 «بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ، بىر پادىشاھلىق يەنە بىر پادىشاھلىق بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدۇ»** ــ ئىبرانىي تىلىدا (شۇنداقلا گرېك تىلىدا) بۇ ئىبارە دۇنيا بويىچە كېڭەيگەن ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («يەش.» 2:19، «2تار.» 3:15-6دە بۇ تۈراقلىق ئىبارە توغرۇلۇق مىساللار بار.

**10:21** يەش. 2:19.

**11:21 «يەر يۈزىدە ۋەھشەتلەر ۋە ئاسماندا ھەيۋەتلىك ئالامەتلەر كۆرۈنىدۇ»** ــ گرېك تىلىدىكى ئەينى تېكىستتە «يەر يۈزىدە» دېگەن سۆز يوق. بىراق بىزنىڭچە ھېلىقى «ھەيۋەتلىك ئالامەتلەر» **ئاسماندا** بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەندىن كېيىن، «ۋەھشەتلەر» بولسا چوقۇم «يەر يۈزىدە» بولۇشى كېرەك. 25-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

سىلەرگە قول سېلىپ تۇتقۇن قىلىدۇ ۋە سىلەرگە زىيانكەشلىك
قىلىپ، سىلەرنى سىناگوگلارنىڭ سوراقلىرىغا تاپشۇرىدۇ،
زىندانلارغا تاشلايدۇ؛ ئۇلار مېنىڭ نامىم تۈپەيلىدىن سىلەرنى
پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ، [13] ۋە بۇنىڭ
بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىش پۇرسىتىڭلار چىقىدۇ.
[14] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەرزگە قانداق جاۋاب بېرىش توغرىسىدا ئالدىنئالا
ھېچ ئويلانماسلىققا قەلبىڭلاردا قەتئىي نىيەت قىلىڭلار. [15] چۈنكى
مەن سىلەرگە بارلىق دۈشمەنلىرىڭلار رەددىيە ۋە رەت قىلالمىغۇدەك
پاساھەتلىك تىل ۋە دانىشمەنلىك ئاتا قىلىمەن. [16] ھەتتا ئاتا-
ئانا، ئاكا-ئۇكا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە يار-بۇرادەرلىرىڭلارمۇ سىلەرگە
خائىنلىق قىلىپ تۇتۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇلار ئاراڭلاردىكى بەزىلىرىڭلارنى
ئۆلتۈرىدۇ. [17] سىلەر مېنىڭ نامىم تۈپەيلىدىن ھەممە ئادەمنىڭ
نەپرىتىگە ئۇچرايسىلەر. [18] ھالبۇكى، بېشىڭلاردىكى بىر تال چاچمۇ
ھالاك بولمايدۇ! [19] سەۋر-چىدامىلىق بولغىنىڭلاردا، جېنىڭلارغا ئىگە
بولالايسىلەر.

---

**12:21** مات. 17:10؛ 9:24؛ مار. 9:13؛ يۇھ. 2:16؛ روس. 3:4؛ 18:5؛ 4:12؛ 24:16؛ ۋەھ. 10:2.

**13:21** **«... بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىش پۇرسىتىڭلار چىقىدۇ»** — «گۇۋاھلىق بېرىش» مۇشۇ يەردە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش، خۇدانىڭ نىجاتى رەب ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق دۇنياغا كەلدى، دەپ جاكارلاشتىن ئىبارەت.

**14:21** مات. 19:10؛ مار. 11:13.

**15:21** مىس. 12:4؛ يەش. 17:54؛ مات. 19:10؛ روس. 10:6.

**16:21** **«خائىنلىق قىلىپ تۇتۇپ بېرىدۇ»** — بۇ بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**16:21** مىك. 6:7؛ روس. 59:7؛ 2:12.

**17:21** مات. 22:10؛ مار. 13:13.

**18:21** 1سام. 45:14؛ 2سام. 11:14؛ 1پاد. 52:1؛ مات. 30:10.

**19:21** **«سەۋر-چىدامىلىق بولغىنىڭلاردا، جېنىڭلارغا ئىگە بولالايسىلەر»** — بۇ ئايەتتە «جان» ياكى جىسمانىي ھايات ياكى ئادەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنى، شۇنداقلا روھىي ھاياتىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە ئىنساننىڭ روھىي ھاياتىدىكى ئەمەلىي جەھەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىرسىدە روھىي ھايات بار بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنى تۇتالايدىغان، تۇرلۇك روھىي ھۇجۇملارغا تاقابىل تۇرالايدىغان بولىدۇ — مەسىلەن، ئۆزىدە بار بولغان ئەنسىرەشلەر، قورقۇنچلار، شەھۋانىي ھەۋەسلەر قاتارلىقلارنى

## يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن بېشارەت

**مات. 21-15:24؛ مار. 19-14:13**

[20] — لېكىن يېرۇسالېمنىڭ دۈشمەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن
قورشىۋېلىنغانلىقىنى كۆرگىنىڭلاردا، ئۇنىڭ ۋەيران بولۇش ۋاقتى
يېقىنلىشىپ قاپتۇ، دەپ بىلىڭلار. [21] ئۇ چاغدا يەھۇدىيە ئۆلكىسىدە
تۇرۇۋاتقانلار تاغلارغا قاچسۇن، شەھەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلار ئۇنىڭدىن
چىقىپ كەتسۇن، يېزىلاردا تۇرۇۋاتقانلار شەھەرگە كىرمىسۇن. [22] چۈنكى
شۇ چاغ «ئىنتىقام جازاسىنى تارتىدىغان كۈنلەر»دۇر؛ شۇنىڭ بىلەن
مۇقەددەس يازمىلاردا بارلىق پۈتۈلگەنلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.
[23] ئەمدى شۇ كۈنلەردە ھامىلىدار ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىدىغانلارنىڭ ھالىغا
ۋاي! چۈنكى بۇ زېمىندا ئېغىر قىسمچىلىق بولىدۇ ۋە ئەرشتىكى غەزەپ
بۇ خەلقنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ؛ [24] ئۇلار قىلىچنىڭ بىسىدا يىقىتىلىدۇ
ۋە تۇتقۇن قىلىنىپ، بارلىق ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىدۇ؛ «يات ئەللەرنىڭ
ۋاقتى» توشقۇچە، يېرۇسالېم يات ئەللەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالىدۇ.

---

مەسىھكە بويسۇندۇرالايدۇ (مەسىلەن، «2كور.» 5:10، «1تىس.» 4:4نى كۆرۈڭ).

**20:21** دان. 9:27؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13.

**22:21 «ئىنتىقام جازاسىنى تارتىدىغان كۈنلەر»** — «ئىنتىقام جازاسى» گرېك تىلىدا بۇ سۆز ھەم «ئىنتىقام» ھەم «تولۇق، مۇتلەق ھۆكۈم چىقىرىش» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. «مات.» 35:23نى كۆرۈڭ. بۇ «ئىنتىقام» ياكى «ھۆكۈم چىقىرىلىش»نى خۇدا ئۆزىنىڭ خەلقى يەھۇدىيلار ئۈستىگە يۈرگۈزىدۇ. بۇ، مۇشۇ يەردە (12-24-ئايەت) يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ مىلادىيە 70-يىلى مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى ۋە ۋەيران قىلىنىشىنى كۆرسەتكەن بېشارەتتۇر. كېيىنكى ئايەتلەر ئاخىر زاماننى كۆرسىتىدۇ.

**22:21** دان. 9:26، 27؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13.

**23:21 «بۇ زېمىندا ئېغىر قىسمچىلىق بولىدۇ...»** — ياكى «يەر يۈزىدە ئېغىر قىسمچىلىق بولىدۇ»

**24:21 «ئۇلار ... تۇتقۇن قىلىنىپ، بارلىق ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىدۇ؛ «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى» توشقۇچە، يېرۇسالېم يات ئەللەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالىدۇ»** — «ئەللەر» مۇشۇ يەردە يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ. «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى» — گرېك تىلىدا «يات ئەللەرنىڭ ۋاقىتلىرى». «يات ئەللەرنىڭ ۋاقتى توشقۇچە» دېگەن ئىبارە يەھۇدىي خەلقى ئاخىر زاماندا قايتىدىن يېرۇسالېمدا تۇرىدىغانلىقىنى ۋە يېرۇسالېمنى ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىبارە ۋە شۇنداقلا بۇ بابتىكى باشقا بېشارەتلەر ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**24:21** رىم. 25:11.

## مەسىھنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە

مات. 31-29:24؛ مار. 27-24:13

[25]— قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلاردىمۇ ئالامەتلەر بولىدۇ؛ يەر يۈزىدىكى
ئەللەر ئارىسىدا دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ گۈلدۈرلىشىدىن ۋە
دولقۇنلارنىڭ داۋالغۇشلىرىدىن پاراكەندىچىلىك بولىدۇ.
[26]ئادەملەر قورقۇپ، يەر يۈزىگە كېلىدىغان ئاپەتلەرنى ۋەھىمە
ئىچىدە كۈتۈپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىدۇ؛ چۈنكى ئاسماندىكى
كۈچلەر لەرزىگە كېلىدۇ. [27]ئاندىن كىشىلەر ئىنسانئوغلىنىڭ
كۈچ-قۇدرەت ۋە ئۇلۇغ شان-شەرەپ بىلەن بىر بۇلۇت ئىچىدە
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.
[28]لېكىن بۇ ئالامەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، قەددىڭلارنى
رۇسلاپ بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، چۈنكى بۇ سىلەرنى ئازاد
قىلىشتىكى نىجات يېقىنلاشتى، دېگەنلىكتۇر.

## ئەنجۈر دەرىخىدىن ساۋاق ئېلىش

مات. 35-32:24؛ مار. 31-28:13

[29]ئۇ ئۇلارغا مۇنداق بىر تەمسىلنى سۆزلەپ بەردى:
ئەنجۈر دەرىخى ۋە باشقا بارلىق دەرەخلەرگە قاراڭلار. [30]ئۇلارنىڭ
يېڭىدىن بىخلانغاندا ئۇلارغا قاراپ، ئۆزۈڭلار يازنىڭ يېتىپ
كېلىشىگە ئاز قالغانلىقىنى بىلىسىلەر. [31]شۇنىڭدەك، بايا
دېيىلگەن ئالامەتلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭلاردا،
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ يېقىن قالغانلىقىنى بىلىڭلار.

**25:21** يەش. 10:13؛ ئەز. 7:32؛ يو. 4:3؛ 15:3؛ مات. 29:24؛ مار. 24:13؛ ۋەھ. 12:6.

**26:21** **«ئاسماندىكى كۈچلەر لەرزىگە كېلىدۇ»** — «ئاسماندىكى كۈچلەر» بەلكىم ئاسماندىكى جىسىملار (قۇياش، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلار)نى ۋە ھەم ئاسماندا خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان جىن-شەيتانلارنىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**27:21** دان. 10:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ 31:25؛ 64:26؛ مار. 26:13؛ 62:14؛ روس. 11:1؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

**28:21** رىم. 23:8.

**29:21** مات. 32:24؛ مار. 28:13.

32 مەن سىلەرگە بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ ئالامەتلەرنىڭ
ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي تۇرۇپ، بۇ دەۋر ئۆتمەيدۇ.
33 ئاسمان-زېمىن يوقىلىدۇ، بىراق مېنىڭ سۆزلىرىم ھەرگىز
يوقالمايدۇ.

## ھوشيار بولۇڭلار

34 — لېكىن ئۆزۈڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلاركى، كۆڭۈللىرىڭلار ئەيش-
ئىشرەت، مەيخورلۇق ۋە تىرىكچىلىكنىڭ غەم-ئەندىشىلىرى
بىلەن بىخۇدلاشمىسۇن، شۇ كۈنى ئۈستۈڭلارغا تۇيۇقسىز چۈش
مىسۇن. 35 چۈنكى ئۇ گويا تۇزاقتەك بارلىق يەر يۈزىدە ھەربىر
تۇرۇۋاتقانلارنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. 36 شۇڭا ھەرقانداق ۋاقىتلاردا
ھوشيار بولۇڭلار، يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن
ئۆزۈڭلارنى قاچۇرۇپ ئىنسانئوغلى ئالدىدا ھازىر بولۇپ تۇرۇشقا

32:21 **«بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي تۇرۇپ، بۇ دەۋر ئۆتمەيدۇ»** — ئەگەر تىلغا ئېلىنغان ئالامەت يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران بولۇشىغا (مىلادىيە 70-يىلى) (20-24ئايەت) قارىتىلغان بولسا، ئۇنداقتا «بۇ دەۋر» ئەيسانىڭ دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. (2) ئەگەر مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىگە (27-ئايەت) قارىتىلغان بولسا، «دەۋر» دېگەن سۆز بەلكىم پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىنى كۆرسىتىدۇ؛ (3) بۇ ئايەتلەردە ئېيتىلغان ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىش دەۋرىدە ياشىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بارلىق ۋەقەلەر شۇ دەۋر ئىچىدە يۈز بېرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بىزنىڭچە (3)-شەرھ ئالدى-كەينى ئايەتلەرگە ئەڭ باپ كېلىدۇ.
33:21 **«ئاسمان-زېمىن يوقىلىدۇ، بىراق مېنىڭ سۆزلىرىم ھەرگىز يوقالمايدۇ»** — گرېك تىلى «ئاسمان-زېمىن ئۆتىدۇ، بىراق مېنىڭ سۆزلىرىم ھەرگىز ئۆتمەيدۇ».
**33:21** زەب. 102:25-27؛ يەش. 51:6؛ مات. 24:35؛ ئىبر. 1:11.
34:21 **«شۇ كۈنى ئۈستۈڭلارغا تۇيۇقسىز چۈشمىسۇن»** — «شۇ كۈن» مۇقەددەس كىتابتا دائىم دېگۈدەك مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كېلىدىغان، ئىنسانلاردىن ھېساب ئالىدىغان كۈننى كۆرسىتىدۇ
**34:21** رىم. 13:13؛ 1تېس. 5:6؛ 1پېت. 4:7.
**35:21** 1تېس. 5:2؛ 2پېت. 3:10؛ ۋەھ. 3:3؛ 16:15.

لايىق ھېسابلىنىش ئۈچۈن ھەردائىم دۇئا قىلىڭلار، ــ دېدى.
37 ئەمدى ئۇ كۈندۈزلىرى ئىبادەتخانىدا تەلىم بېرەتتى، ئاخشاملىرى
شەھەردىن چىقىپ، كېچىنى زەيتۇن تېغى دەپ ئاتالغان تاغدا ئۆتكۈزەتتى.
38 ۋە بارلىق خەلق ئۇنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىغىلى تاڭ سەھەردە
ئىبادەتخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلەتتى.

## رەبنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى

مات. 5-1:26، 16-14؛ مار. 2-1:14، 11-10؛ يۇھ. 53-45:11

22 1 ئەمدى پېتىر نان ھېيتى («ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» دەپمۇ
ئاتىلىدۇ) يېقىنلىشىپ قالغانىدى. 2 باش كاھىنلار ۋە تەۋرات
ئۇستازلىرى ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشقا ئامال ئىزدەپ يۈرەتتى؛
چۈنكى ئۇلار خەلقتىن قورقاتتى.
3 شۇ پەيتتە ئون ئىككىلەندىن بىرى بولغان، ئىشقارىيوت دەپ

---

36:21 **«يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن ئۆزۈڭلارنى قاچۇرۇپ»** ــ ياكى «يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن قۇتۇلۇپ...». ئەمدى ئېتىقادچىلار بۇ دەھشەتلىك ۋەقەلەردىن ئۆتۈپ كېتەمدۇ، ياكى ئاۋۋال ئېلىپ كېتىلەمدۇ؟ بۇ مۇھىم مەسىلە. ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ ئايەتنىڭ ئالدى-كەينىدىكى سۆز-ئايەتلەرگە قاراپ ئۆزلىرى بىر خۇلاسىگە كېلەلەيدۇ. بىز باشقا يەرلەردىمۇ بۇ تېما ئۈستىدە توختالغان («تېسالونىكالىقلارغا (2)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە). **«ھازىر بولۇپ لايىق ھېسابلىنىش ئۈچۈن...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «كۈچلەندۈرۈلۈشۈڭلار ئۈچۈن...» دېيىلىدۇ.

**36:21** مات. 42:24؛ 13:25؛ مار. 33:13؛ لۇقا 40:12؛ 1تېس. 6:5.

**37:21** يۇھ. 2:8.

**1:22** مىس. 15:12؛ مات. 2:26؛ مار. 1:14.

2:22 **«...چۈنكى ئۇلار خەلقنىڭ غەزىپىدىن قورقاتتى»** ــ كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ خەلقتىن قورقۇشىنىڭ سەۋەبى، خەلقنىڭ مەسىھنى قوللايدىغانلىقىدىن؛ شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قول سالالماي، بەلكى رىملىقلارنىڭ ئالدىدا ئەيساغا ئەرز قىلىپ ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماقچى.

**2:22** زەب. 2:2؛ يۇھ. 47:11؛ روس. 27:4.

ئاتالغان يەھۇدانىڭ كۆڭلىگە شەيتان كىردى. [4] ئۇ بېرىپ باش كاھىنلار
ۋە ئىبادەتخانا پاسىبان بەگلىرى بىلەن ئەيسانى قانداق قىلىپ
ئۇلارغا تۇتۇپ بېرىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. [5] ئۇلار ئىنتايىن
خۇش بولۇپ، يەھۇداغا پۇل بېرىشكە كېلىشتى. [6] يەھۇدا ماقۇل بولۇپ،
ئۇنى خالايىقتىن ئايرىم قالغاندا ئۇلارغا تۇتۇپ بېرىشكە مۇۋاپىق
پۇرسەت ئىزدەشكە كىرىشتى.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ كەچلىك زىياپىتى

مات. 26:17-25؛ مار. 14:12-21؛ يۇھ. 13:21-30

[7] ئەمدى پېتىر نان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى يېتىپ كەلگەنىدى. شۇ
كۈنى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»غا ئاتاپ قۇربانلىق قوزا سويۇلاتتى.
[8] شۇنىڭ بىلەن ئەيسا پېترۇس بىلەن يۇھاننىاغا:
بېرىپ بىزگە ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قوزىسىنى بىرگە يېگىلى
تەييارلاڭلار، ــ دەپ ئۇلارنى ئەۋەتتى.
[9] ــ قەيەردە تەييارلىشىمىزنى خالايسەن؟ ــ دەپ سورىدى ئۇلار. [10] ئۇ
ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
شەھەرگە كىرسەڭلار، مانا ئۇ يەردە كوزىدا سۇ كۆتۈرۈۋالغان بىر ئەر
كىشى سىلەرگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئۇ كىرگەن
ئۆيگە كىرىڭلار. [11] ۋە ئۆي ئىگىسىگە: «ئۇستاز: ــ مۇخلىسلىرىم
بىلەن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تامىقىنى يەيدىغان مېھمانخانا ئۆي
قەيەردە؟ــ دەپ سوراۋاتىدۇ» دەڭلار. [12] ئۇ سىلەرنى باشلاپ ئۈستۈنكى

---

**3:22** مات. 14:26؛ مار. 10:14؛ يۇھ. 27:13.

**7:22 «ئەمدى پېتىر نان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى يېتىپ كەلگەنىدى»** ــ «پېتىر نان ھېيتى» يەتتە كۈن ئۆتكۈزۈلەتتى. تۇنجى كۈنى «ئۆتۈپ كېتىش بايرىمى» (ئىبرانىي تىلىدا «پاسخا» ھېيتى) ئىدى. بۇ كۈنى، يەھۇدىيلار قويلارنى ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ سويۇپ، ئاندىن ئۆيىدە پېتىر نان بىلەن يەيتتى («مىس.» 1:12-20، «لاۋ.» 4:23-8نى كۆرۈڭ).

**7:22** مات. 17:26؛ مار. 12:14، 13.

**10:22 «مانا ئۇ يەردە كوزىدا سۇ كۆتۈرۈۋالغان بىر ئەر كىشى سىلەرگە ئۇچرايدۇ»** ــ قانائاندا (پەلەستىندە) ئەر كىشىلەر بۇگۈنگىچە قەدەر ئادەتتە سۇ كۆتۈرمەيدۇ.

قەۋەتتىكى رەتلەنگەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان چوڭ بىر ئېغىز ئۆينى كۆرسىتىدۇ. مانا شۇ يەردە تەييارلىق قىلىپ تۇرۇڭلار.
[13] شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بېرىۋىدى، ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئۇلار شۇ يەردە ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تامىقىنى تەييارلاشتى. [14] ئەمدى ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە، ئەيسا داستىخاندا ئولتۇردى؛ ئون ئىككى روسۇل ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇشتى. [15] ئاندىن ئۇ ئۇلارغا:
مەن ئازاب چېكىشتىن ئىلگىرى، سىلەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ بۇ تامىقىغا ھەمداستىخان بولۇشقا تولىمۇ ئىنتىزار بولۇپ كەلگەنىدىم. [16] چۈنكى سىلەرگە ئېيتايكى، بۇ ھېيت زىياپىتىنىڭ ئەھمىيىتى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغۇچە، مەن بۇنىڭدىن قايتا يېمەيمەن، ــ دېدى.
[17] ئاندىن ئۇ بىر جامنى قولىغا ئېلىپ، تەشەككۈر ئېيتتى ۋە مۇخلىسلىرىغا:
بۇنى ئېلىپ ئاراڭلاردا تەقسىم قىلىپ ئىچىڭلار. [18] چۈنكى شۇنى ئېيتايكى، مۇندىن كېيىن خۇدانىڭ پادىشاھلىقى كەلمىگۈچە، ھەرگىز ئۈزۈم شەربىتىدىن قەتئىي ئىچمەيمەن، ــ دېدى.

## «رەبنىڭ زىياپىتى»

[19] ئاندىن ئۇ بىر تال ناننى قولىغا ئېلىپ، خۇداغا تەشەككۈر ئېيتتى ۋە ئۇنى ئوشتۇپ، ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ: ــ بۇ مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن

---

**14:22** مات. 20:26؛ مار. 17:14.
15:22 **«تولىمۇ ئىنتىزارلىق بولۇپ كەلگەنىدىم»** ــ گرېك تىلىدا «ئىنتىزارلىق بىلەن ئىنتىزار قىلدىم»
16:22 **«بۇ ھېيت زىياپىتىنىڭ تولۇق ئەھمىيىتى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغۇچە، مەن بۇنىڭدىن قايتا يېمەيمەن»** ــ تەۋراتتىكى بارلىق ھېيتلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزى بىر بېشارەتتۇر، ھەممىسى مەسىھنىڭ پادىشاھلىقىدا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. «لاۋىيلار» 23-باب ۋە «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.
18:22 **«...ئۈزۈم شەربىتىدىن قەتئىي ئىچمەيمەن»** ــ گرېك تىلىدا «... ئۈزۈم تېلىنىڭ مېۋىسىنىڭ شەربىتىدىن قەتئىي ئىچمەيمەن».

پەيدا بولىدىغان تېنىمدۇر. مېنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن يەڭلار، ــ دېدى.
[20] ئۇ شۇنىڭدەك تاماقتىن كېيىنكى جامنى قولىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى:
بۇ جامدىكى شاراب مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن تۆكۈلىدىغان قېنىمدا بولغان يېڭى ئەھدىدۇر.
[21] لېكىن مانا، مېنى تۇتۇپ بەرگۈچىنىڭ قولى مېنىڭ بىلەن بىر داستىخاندىدۇر. [22] ۋە ئىنسانئوغلى دەرۋەقە ئۆزى توغرىسىدا بېكىتىلگەندەك ئالەمدىن كېتىدۇ؛ بىراق ئىنسانئوغلىنىڭ تۇتۇپ بېرىلىشىگە ۋاستىچى بولغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي!
[23] ئاندىن مۇخلىسلار بىر-بىرىدىن:
ئارىمىزدا زادى كىم مۇشۇنداق ئىشنى قىلىشى مۇمكىن؟ ــ دەپ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىشتى.

## مۇخلىسلارنىڭ مەرتىۋە ھەققىدە مۇنازىرىلىشىشى

[24] ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قايسىمىز ئەڭ ئۇلۇغ سانىلىشىمىز كېرەك دېگەن تالاش-تارتىش پەيدا بولدى. [25] ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

**19:22 «مېنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن يەڭلار»** ــ گرېك تىلىدا «مېنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇنداق قىلىڭلار».

**19:22** مات. 26:26؛ مار. 22:14؛ 1كور. 23:11، 24.

**20:22 «تاماقتىن كېيىنكى جام»** ــ «ئۆتۈپ كېتىش ھېيت»تىكى زىياپەت دائىم بېكىتىلگەن ئالاھىدە بىر تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. «تاماقتىن كېيىنكى جام» «ئۈچىنچى جام» بولىدۇ. **«بۇ جامدىكى شاراب مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن تۆكۈلىدىغان قېنىمدا بولغان يېڭى ئەھدىدۇر»** ــ مەسىھ ئېيتقان بۇ «يېڭى ئەھدە» يەرەمىيا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق تەۋراتتا ۋەدە قىلىنغان ئاجايىپ «يېڭى ئەھدە»دۇر («يەر.» 31:31-34 ھەم «ئەز.» 25:36-27نى، شۇنداقلا يەرەمىيادىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ). بۇ يېڭى ئەھدە «مەسىھنىڭ قېنىدىدۇر» دېگەننىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىسى باردۇر، مۇشۇ ئەھدە مەسىھنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇد-ھاياتىغا پۈتۈلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەھدىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈشكە بولغان قەتئىي نىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**21:22** مات. 23:26؛ مار. 18:14؛ يـۇھ. 21:13.

**22:22** زەب. 9:41؛ يـۇھ. 18:13؛ روس. 6:1.

ئەللەردىكى پادىشاھلار قول ئاستىدىكى خەلق ئۈستىدىن
بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئىدارە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى
ھوقۇقدارلىرى «خەلقپەرۋەر» دەپ ئاتىلىدۇ. [26] بىراق سىلەر شۇنداق
بولماڭلار؛ بەلكى ئاراڭلاردىكى ئەڭ مەرتىۋىلىكى ئۆزىنى ئەڭ
كىچىكىدەك ھېسابلىسۇن ۋە يېتەكچى بولغانلار ھەممەيلەنگە
خىزمەتكاردەك بولسۇن. [27] كىم مەرتىۋىلىك، داستىخاندا ئولتۇرغانمۇ
ياكى داستىخاندىكى كۈتكۈچىمۇ؟ داستىخاندا ئولتۇرغىنى
ئەمەسمۇ؟ بىراق مەن بولسام ئاراڭلاردا خىزمىتىڭلاردا بولغۇچى
كۈتكۈچىدەكتۇرمەن.
[28] سىلەر بولساڭلار، بېشىمغا سىناقلار كەلگەندە باشتىن-ئاخىر
مەن بىلەن بىللە ھەمراھ بولغانسىلەر. [29] ۋە خۇددى ئاتام ماڭا
پادىشاھلىق ھوقۇقى بېكىتكەندەك، مەن سىلەرگىمۇ شۇنداق
بېكىتىمەن. [30] شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنىڭ پادىشاھلىقىمدا
مەن بىلەن بىر داستىخاندا يەپ-ئىچىسىلەر ۋە تەختلەردە
ئولتۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى ئۈستىدىن ھۆكۈم
چىقىرىسىلەر.

---

25:22 **«ئەللەردىكى پادىشاھلار قول ئاستىدىكى خەلق ئۈستىدىن بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئىدارە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھوقۇقدارلىرى «خەلقپەرۋەر» دەپ ئاتىلىدۇ»** — شۇ چاغدا ۋە دۇنيانىڭ پۈتكۈل تارىخىدا «خەلقپەرۋەر» دەپ ئاتالغانلار ئەمەلىيەتتە «ئىسمى بار، جىسمى يوق»لاردەك «خەلقپەرۋەر»نىڭ ئەكسى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىھنىڭ بۇ ئىشنى كۆرسەتكەنلىكى، ئېتىقادچىلار ھەتتا مۇشۇنداق ئابرۇيىنىمۇ ئىزدىمەسلىكى كېرەك، ھەرقانداق «ئابرۇيپەرەسلىك» قىلىشتىن تولىمۇ يىراقلىشىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر، دەپ ئويلايمىز.

**25:22** مات. 25:20؛ مار. 42:10.

**26:22** لۇقا 48:9؛ 1پېت. 3:5.

**27:22** مات. 28:20؛ يۇھ. 14:13؛ فىل. 7:2.

**29:22** لۇقا 32:12.

30:22 **«ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىسىلەر»** — ياكى «ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىسىلەر».

**30:22** مات. 28:19؛ ۋەھ. 21:3.

## ئەيسانىڭ پېترۇسنىڭ ئۆزىدىن تانىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىشى

مات. 26:31-35؛ مار. 14:27-31؛ يـۇھ. 13:36-38

31 رەب يەنە پېترۇسقا:
«ئەي سىمون، سىمون! مانا، شەيتان ھەممىڭلارنى خۇددى
بۇغداي تاسقىغاندەك تاسقاپ سىناشنى تىلىگەن. 32 لېكىن
ئېتىقادىڭ يوقىمىسۇن دەپ ساڭا دۇئا قىلدىم. ئەمدى سەن
توۋا قىلىپ توۇز يولغا قايتقاندىن كېيىن، قېرىنداشلىرىڭنى
مۇستەھكەملىگىن» ــ دېدى.
33 ــ ئى رەب، ــ دېدى پېترۇس، ــ مەن سەن بىلەن بىللە زىندانغا
تاشلىنىپ، بىللە ئۆلۈمگە بېرىشقا تەييارمەن!
34 ئۇ ئۇنىڭغا: ــ ئى پېترۇس، ساڭا ئېيتايكى، بۈگۈن خوراز چىللىغۇچە،
سەن «ئۇنى تونۇمايمەن» دەپ مەندىن ئۈچ قېتىم تانىسەن، دېدى.

## ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇشى

35 ئاندىن، ئۇ ئۇلاردىن:
سىلەرنى ھەميانسىز، خۇرجۇنسىز ۋە كەشسىز سەپەرگە
ئەۋەتكىنىمدە سىلەرنىڭ بىرەر نەرسەڭلار كەم بولۇپ قالغانمۇ؟ ــ

---

**31:22** **«ئەي سىمون، سىمون!»** ــ مۇقەددەس كىتابتا، بىرسىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ياكى بىر جاينىڭ نامىنى تەكرار ئىككى قېتىم چاقىرىشى ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەزىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. **«شەيتان ھەممىڭلارنى خۇددى بۇغداي تاسقىغاندەك تاسقاپ سىناشنى تىلىگەن»** ــ «تىلىگەن» دېگەن بۇ سۆز خۇدا شەيتاننىڭ تەلىپى بويىچە مۇشۇنداق قىلىشىغا يول قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**31:22** 1پېت. 5:8.

**34:22** **«بۈگۈن خوراز چىللىغۇچە، سەن «ئۇنى تونۇمايمەن» دەپ مەندىن ئۈچ قېتىم تانىسەن»** ــ «بۈگۈن» ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، يەھۇدىيلار ئۈچۈن «بۈ كۈن» «كېچە» بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىھ بۇ سۆزلەرنى كېچىدە ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېيتقان ۋەقەلەر ئاشۇ كېچىدە، تاڭ ئاتمايلا يۈز بېرىدۇ.
—گرېك تىلىدا ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىنكار شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ: «سەن بۈگۈن «ئۇنى تونۇمايمەن» دەپ ئۈچ قېتىم مەندىن تانماي تۇرۇپ خوراز چىللىمايدۇ».

**34:22** مات. 26:34؛ مار. 14:30؛ يـۇھ. 13:38.

**دەپ سورىدى. ئۇلار: ــ ياق، دېدى.**
**[36] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارغا: ــ لېكىن هازىر هەر كىمنىڭ هەميانى**
**بولسا، ئۇنى ئالسۇن؛ شۇنداق هەم خۇرجۇنى بولسا، ئۇنى ئالسۇن**
**ۋە بىر كىمنىڭ قىلىچى بولمىسا، چاپىنىنى سېتىپ بىردىن**
**قىلىچ ئالسۇن. [37] چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى،**
**مۇقەددەس يازمىلاردا: «ئۇ جىنايەتچىلەر قاتارىدا سانىلىدۇ» دەپ**
**پۈتۈلگەن سۆز مەندە چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. چۈنكى مېنىڭ**
**توغرامدىكى بارلىق ئىشلار تولۇق ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ ــ**
**دېدى.**
**[38] ــ ئى رەب، قارىغىن، بۇ يەردە ئىككى قىلىچ بار ئىكەن، دېدى**
**ئۇلار.**
**بولدى، يېتىدۇ! ــ دېدى ئۇ ئۇلارغا.**

---

22:35 **«سىلەرنى هەميانسىز، خۇرجۇنسىز ۋە كەشسىز سەپەرگە ئەۋەتكىنىمدە سىلەرنىڭ بىرەر نەرسەڭلار كەم بولۇپ قالغانمۇ؟»** ــ 9:3 ۋە 10:3-4نى كۆرۈڭ.

**22:35** مات. 10:9؛ مار. 6:8؛ لۇقا 9:3.

22:36 **«لېكىن هازىر هەر كىمنىڭ هەميانى بولسا، ئۇنى ئالسۇن؛ شۇنداق هەم خۇرجۇنى بولسا، ئۇنى ئالسۇن ۋە بىر كىمنىڭ قىلىچى بولمىسا، چاپىنىنى سېتىپ بىردىن قىلىچ ئالسۇن»** ــ بۇ سىرلىق ئەمما مۇهىم سۆز توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

22:37 **«ئۇ جىنايەتچىلەر قاتارىدا سانىلىدۇ»** ــ ياكى «ئۇ ئاسىيلىق قىلغۇچىلار قاتارىدا سانىلىدۇ». بۇ بېشارەت «يەش.» 53:12دە تېپىلىدۇ. **«مېنىڭ توغرامدىكى بارلىق ئىشلار تولۇق ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ»** ــ «مېنىڭ توغرامدىكى بارلىق ئىشلار» بولسا پەقەت تەۋراتتىكى مەسىھنى ئالدىنئالا ئوچۇق ئېيتقان بېشارەتلەر بولۇپلا قالماي، بەلكى تەۋراتتا مەسىھنى كۆرسىتىدىغان بارلىق بۇيرۇلغان قۇربانلىقلار، ئەمرلەر، بەلگىلىمىلەر هەمدە تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن بارلىق تارىخىي «بېشارەتلىك ۋەقەلەر»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**22:37** يەش. 53:12؛ مار. 15:28.

22:38 **«ئى رەب، قارىغىن، بۇ يەردە ئىككى قىلىچ بار ئىكەن»** ــ مۇشۇ خىل «قىلىچ» قىسقا بولۇپ، يەنە «پىچاق» هېسابلانغىلى بولىدۇ. **«بولدى، يېتىدۇ! ــ دېدى ئەيسا ئۇلارغا»** ــ مۇشۇ ئايەت ئۈستىدە 37-ئايەت بىلەن «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

## ئەيسانىڭ زەيتۇن تېغىدا دۇئا قىلىشى

مات. 26:36-46؛ مار. 14:32-42

[39] ئاندىن ئۇ چىقىپ، ئادىتى بويىچە زەيتۇن تېغىغا يول ئالدى؛ ئۇنىڭ
مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باردى. [40] ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا
ئۇ ئۇلارغا:
ئازدۇرۇلماسلىقىڭلار ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار، ــ دېدى.
[41] ئاندىن، ئۇلاردىن بىر تاش ئېتىمچە نېرىراق بېرىپ، تىزلىنىپ
تۇرۇپ:
[42] ــ ئى ئاتا، خالىساڭ، بۇ قەدەھنى مەندىن ئېلىپ كەتكەيسەن.
لېكىن مېنىڭ ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئىرادەڭ ئادا قىلىنسۇن ــ دەپ
دۇئا قىلدى؛ [43] ۋە ئاسماندىن بىر پەرىشتە ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ ئۇنى
قۇۋۋەتلەندۈردى. [44] ئۇ قاتتىق ئازابتا تولغىنىپ تېخىمۇ ئىخلاسلىق
بىلەن دۇئا قىلىۋەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەرلىرى يەرگە تۆكۈلگەن
قان تامچىلىرىدەك چۈشۈشكە باشلىدى. [45] ئاندىن دۇئاسىنى
تۈگىتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇخلىسلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى.
ئۇلارنىڭ غەمگە چۆكۈپ ھالسىزلىنىپ مۈگدەپ قالغانلىقىنى
كۆرۈۋىدى، ئۇلارغا:
[46] ــ ئۇخلاپ قالغىنىڭلار نېمىسى؟ ئازدۇرۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن
قوپۇپ دۇئا قىلىڭلار، ــ دېدى.

---

**22:39** مات. 26:36؛ مار. 14:32؛ يۇھ. 8:1؛ 18:1.

**22:41** مات. 26:39؛ مار. 14:35.

**22:42** **«بۇ قەدەھنى مەندىن ئېلىپ كەتكەيسەن»** ــ «بۇ قەدەھ» ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەۋراتتا «قەدەھ» دەل شۇ مەنىدە بولۇپ، «زەب.» 75:8، «يەش.» 51:17، 22، «يەر.» 25:15 ۋە باشقا كۆپ يەرلەردە خۇدانىڭ غەزىپىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا مەسىھ مۇشۇ يەردە ھەممىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈپ، خۇدانىڭ غەزىپىنى ئىچىشكە تەييار تۇرىدۇ.

**22:44** يۇھ. 12:27؛ ئىبر. 5:7.

## ئەيسانىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى

مات. 26:47-56؛ مار. 14:43-50؛ يـۇھ. 18:3-11

47 ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئاياغلاشماستىنلا، بىر توپ ئادەملەر پەيدا
بولدى. ئۇلارنى باشلاپ كەلگۈچى ئون ئىككەيلەندىن بىرى بولغان
يەھۇدا دېگەن كىشى ئىدى؛ ئۇ ئەيساغا سالام بېرىپ سۆيگىلى
قېشىغا باردى.
48 ئەيسا ئۇنىڭغا:
ئەي يەھۇدا، بىر سۆيۈش بىلەن ئىنسانئوغلىنى تۇتۇپ بېرەرسەنمۇ؟
ــ دېدى.
49 ۋە ئەيسانىڭ ئەتراپىدىكىلەر نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى
بىلىپ يېتىپ: ــ ئى رەب، قىلىچ بىلەن ئۇرايلىمۇ؟ ــ دېدى. 50 ۋە
ئۇلاردىن بىرى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، باش كاھىنىنىڭ چاكىرىغا ئۇرۇپ،
ئوڭ قۇلىقىنى شىلىۋەتتى. 51 بىراق ئەيسا بۇنىڭغا جاۋابەن: ــ
بولدى، توختا! ــ دېدى؛ ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ قۇلىقىغا تەگكۈزۈپ، ئۇنى
ساقايتتى.
52 ئەيسا ئۆزىنى تۇتقىلى كەلگەن باش كاھىنلار، پاسىبان بەگلىرى ۋە
ئاقساقاللارغا قاراپ:
بىر قاراقچىنى تۇتىدىغاندەك قىلىچ-توقماقلارنى كۆتۈرۈپ
كەپسىلەرغۇ؟ 53 ئىبادەتخانىدا ھەر كۈنى سىلەر بىلەن بىللە ئىدىم،
سىلەر قول سالمىدىڭلار. ھازىر بۇ سىلەرگە تەۋە بولغان ۋاقىت-
سائەتتۇر ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋاقتى ــ دېدى.

---

47:22 مات. 26:47؛ مار. 14:43؛ يـۇھ. 3:18.

50:22 «...ئۇلاردىن بىرى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، باش كاھىنىنىڭ چاكىرىغا ئۇرۇپ، ئوڭ قۇلىقىنى شىلىۋەتتى» ــ بۇ نامەلۇم مۇخلىس پېترۇس ئىدى («يۇھ.» 10:18، «مات.» 26:51، «مار.» 14:47).

50:22 مات. 26:51؛ مار. 14:47.

52:22 مات. 26:55؛ مار. 14:48.

53:22 «ھازىر بۇ سىلەرگە تەۋە بولغان ۋاقىت-سائەتتۇر ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋاقتى» ــ «قاراڭغۇلۇقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان» ــ دېمەك، شۇ چاغدا خۇدا شەيتاننىڭ كۈچ-

## ئەيسانىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىشى ۋە پېترۇسنىڭ ئەيسادىن تېنىشى

مات. 26:57-58، 69-75؛ مار. 14:53-54، 66-72؛ يـۇھ. 18:12-18، 25-27

[54] ئۇلار ئەيسانى تۇتۇۋېلىپ، باش كاھىنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشتى.
پېترۇس يىراقتىن ئەگىشىپ ماڭدى. [55] ئەمدى ئۇلار ھويلىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئوت يېقىپ چۆرىسىدە ئىسسىنىپ ئولتۇرغاندا، پېترۇس
ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. [56] ئاندىن ئوتنىڭ نۇرىدا ئۇنىڭ
ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن بىر دېدەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ: ــ
بۇ ئادەممۇ ئەيسا بىلەن بىللە ئىدى، ــ دېدى.
[57] لېكىن ئۇ تېنىپ: ــ ئەي خوتۇن، ئۇنى تونۇمايمەن! ــ دېدى.
[58] ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە بىرەيلەن ئۇنى كۆرۈپ: ــ سەنمۇ ئۇلاردىن
ئىكەنسەن، ــ دېدى. لېكىن پېترۇس: ــ ئەي بۇرادەر، ئۇنداق ئەمەسمەن!
ــ دېدى.
[59] ئاندىن بىر سائەتچە ئۆتكەندە باشقا بىرەيلەن: ــ دەرھەقىقەت، بۇ
ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى؛ چۈنكى ئۇمۇ گالىلىيەلىكتۇر، ــ دەپ
چىڭ تۇرۇۋالدى.
[60] لېكىن پېترۇس:
ھەي بۇرادەر، نېمە دەۋاتقىنىڭنى بىلمەيمەن! ــ دېدى. ۋە ئۇنىڭ سۆزى
ئاياغلاشماستىنلا، خوراز چىللىدى. [61] ئەمدى رەب كەينىگە بۇرۇلۇپ،
پېترۇسقا تىكىلىپ قاراپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن پېترۇس رەبنىڭ
سۆزىنى، يەنى: «بۈگۈن خوراز چىللاشتىن ئىلگىرى سەن مەندىن ئۈچ

---

قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋە مەسىھگە بولغان نەپرىتىنى باش كاھىنلار ۋە باشقا ھۆكۈمدارلاردىن ئىبارەت شۇ رەزىل ئادەملەر ئارقىلىق نامايان قىلىشقا يول قويغانىدى. «1كور.» 2:8»نى كۆرۈڭ.

**54:22** مات. 26:57؛ مار. 14:53؛ يـۇھ. 18:12، 24.

**55:22** مات. 26:69؛ مار. 14:54، 66؛ يـۇھ. 18:16، 25.

59:22 **«دەرھەقىقەت، بۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى؛ چۈنكى ئۇمۇ گالىلىيەلىكتۇر» ــ** مۇشۇ كىشى پېترۇسنىڭ گالىلىيەلىك ئىكەنلىكىنى بەلكىم ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ياكى بولمىسا يەرلىك كىيىم-كېچەكلىرىدىن بىلىپ يەتكەن بولسا كېرەك.

قېتىم تانىسەن» دېگەنلىكىنى يادىغا كەلتۈردى. [62]ۋە ئۇ تاشقىرىغا
چىقىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

## ئەيسانىڭ ئالىي كېڭەشمىدە سوتلىنىشى

مات. 67:26-68؛ مار. 65:14

[63]ئەمدى ئەيسانى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلار ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا ۋە
ساۋاپ-دۇمبالاشقا باشلىدى؛ [64]ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ ئۇنىڭدىن:
ــ سېنى ئۇرغان كىمدۇ؟ قېنى، بېشارەت بەرگىن! ــ دەپ سوراشتى [65]ۋە
ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ھاقارەتلەرنى ياغدۇردى.
[66]تاڭ ئاتقاندا، خەلق ئاقساقاللىرى، يەنى باش كاھىنلار ۋە تەۋرات
ئۇستازلىرى يىغىلىشتى. ئۇلار ئۇنى ئۆز كېڭەشمىسىگە ئېلىپ
بېرىپ [67]ئۇنىڭدىن: ــ
ئېيتە، سەن مەسىھمۇ؟ ــ دەپ سوراشتى.
ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن:
سىلەرگە ئېيتسام مۇ، قەتئىي ئىشەنمەيسىلەر. [68]سىلەردىن بىرەر
سوئال سورىسام، ھېچ جاۋاب بەرمەيسىلەر. [69]لېكىن بۇ ۋاقىتتىن
باشلاپ ئىنسانئوغلى ھەممىگە قادىرنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ، ــ
دېدى.
[70]ــ ئۇنداقتا، سەن خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنسەن-دە؟ ــ دېيىشتى ئۇلار.
ئۇ: ــ دېگىنىڭلاردەك مەن شۇدۇرمەن! ــ دەپ جاۋاب بەردى.

---

**61:22** مات. 34:26، 75؛ مار. 72:14؛ يـۇھ. 38:13؛ 27:18.

**63:22** ئايۇپ 10:16؛ يەش. 6:50؛ مات. 67:26؛ مار. 6:14؛ يـۇھ. 3:19.

**66:22** زەب. 2:2؛ مات. 1:27؛ مار. 1:15؛ يـۇھ. 28:18.

69:22 **«ھەممىگە قادىرنىڭ ئوڭ يېنىدا...»** ــ گرېك تىلىدا «خۇدانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە». «زەب.»، 110:1نى كۆرۈڭ. زەبۇردىكى بۇ بېشارەتلىك سۆزلەر مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئۆزلىرى ئەيسانى سوتلاۋاتىمىز، دەپ ئويلاتتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسانئوغلى بولۇپ ئاخىر بېرىپ ئۇلارنىڭ سوتچىسى بولىدۇ.

**69:22** دان. 9:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ 31:25؛ 64:26؛ مار. 62:14؛ روس. 11:1؛ 1تىس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

70:22 **«دېگىنىڭلاردەك مەن شۇدۇرمەن!»** ــ «دېگىنىڭلاردەك» گرېك تىلىدا بۇ سۆزنىڭ

71 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار:
ئەمدى باشقا گۇۋاھچىلىقنىڭ بىزگە نېمە ھاجىتى؟ چۈنكى ئۆزىمىز
ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىققىنىنى ئاڭلىدۇق! ــ دېيىشتى.

## ئەيسانىڭ ۋالىي پىلاتۇسنىڭ ئالدىدا سوتلىنىشى

مات. 27:1-2، 11-14؛ مار. 15:1-5؛ يـۇھ. 18:28-38

23 1 ئاندىن كېڭەشمەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن
تۇرۇشۇپ، ئۇنى ۋالىي پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى
. 2 ئۇ يەردە ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:
ئۆزىنى مەسىھ، يەنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋېلىپ، خەلقىمىزنى ئازدۇرۇپ
ۋە قۇتراتقۇ، قەيسەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇشنى توسقان بۇ ئادەمنى
بايقاپ ئۇنى تۇتتۇق، ــ دېيىشتى.

---

«شۇنداق، لېكىن ئەمەلىيەت دەل سىلەرنىڭ ئويلىغىنىڭلاردەك ئەمەس» دېگەن پۇرىقى چىقىدۇ.
71:22 **«ئەمدى باشقا گۇۋاھچىلىقنىڭ بىزگە نېمە ھاجىتى؟ چۈنكى ئۆزىمىز ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىققىنىنى ئاڭلىدۇق!»** ــ ئۇلارنىڭ مەسىھكە قاراتقان ئەرز-شىكايىتى: ــ «خۇدانىڭ ئوغلىمەن» دېگىنىڭ «كۇپۇرلۇق قىلغىنىڭ»، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.
ــمۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ھەققىي «كۇپۇرلۇق قىلغۇچى» ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشى كېرەك. شۇڭا مەسىھ ئۆزى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلارغا «باشقا گۇۋاھلىق» كېرەك بولمىدى!
ــھالبۇكى، يەھۇدىي خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قانۇنى ئاستىدا تۇرغاچقا، ئەيسانى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن رىم ھاكىمىيىتى ئالدىدا باشقا بىر ئەرز-شىكايەتنى تېپىشى كېرەك. بۇ تۆۋەندىكى باپتا (2:23) كۆرۈنىدۇ.
**1:23** مات. 2:27؛ مار. 1:15؛ يـۇھ. 28:18.
2:23 **«قەيسەر»** ــ رىم ئىمپېراتورى. **«...خەلقىمىزنى ئازدۇرۇپ ۋە قۇتراتقۇ، قەيسەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇشنى توسقان بۇ ئادەمنى بايقاپ ئۇنى تۇتتۇق»** ــ «(ئۇ) قەيسەرگە باج-سېلىق تاپشۇرۇشنى توسقان» دېگەن شىكايەت يالغان، ئەلۋەتتە. 20:20-26نى كۆرۈڭ. شىكايەت «سىياسىي جەھەتتىكى» بولۇپ، ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئۇ خەلقنى قۇترىتىۋاتىدۇ، «ئاممىۋىي تەرتىپ»نى بۇزىدۇ؛ (2) خەلقنىڭ باج-سېلىق بېرىشىگە يول قويمىدى؛ (3) ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى (دېمەك، رىم ئىمپېراتورىغا قارشى چىققان).
**2:23** مات. 17:25؛ 21:22؛ مار. 12:17؛ لۇقا 20:25؛ روس. 17:7؛ رىم. 13:7.

[3] پىلاتۇس ئۇنىڭدىن: ــ سەن يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىمۇسەن؟ ــ دەپ
سورىدى.
ئۇ: ــ ئېيتقىنىڭدەك، ــ دەپ جاۋاب بەردى.
[4] ئاندىن پىلاتۇس باش كاھىنلار بىلەن كۆپچىلىككە:
بۇ ئادەمدىن بىرەر شىكايەت قىلغۇدەك ئىشنى تاپالمىدىم، ــ دېدى.
[5] لېكىن ئۇلار تېخىمۇ قەتئىي ھالدا:
ئۇ گالىلىيەدىن تارتىپ تاكى بۇ يەرگىچە، پۈتكۈل يەھۇدىيەدىمۇ تەلىم
بېرىش بىلەن خەلقنى قۇتراتتىدۇ.

## ئەيسا ھېرود خاننىڭ ئالدىدا

[6] پىلاتۇس «گالىلىيە» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ:
بۇ كىشى گالىلىيەلىكمۇ؟ ــ دەپ سورىدى [7] ۋە ئۇنىڭ ھېرود خاننىڭ
ئىدارە قىلغان ئۆلكىدىن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى
ھېرودقا يوللاپ بەردى (ئۇ كۈنلەردە ھېرودمۇ يېرۇسالېمدا ئىدى).
[8] ھېرود ئەيسانى كۆرگەندە ئىنتايىن خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ ئۇزۇندىن
بېرى ئۇنىڭغا دائىر كۆپ ئىشلارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن بىر مۆجىزە
كۆرۈش ئۈمىدىدە بولۇپ، ئۇنى كۆرۈش پۇرسىتىنى ئىزدەۋاتاتتى. [9] ئۇ
ئەيسادىن كۆپ سوئاللارنى سورىدى، لېكىن ئۇ ھېرودقا بىر ئېغىزمۇ
جاۋاب بەرمىدى.
[10] باش كاھىنلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى يېقىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن
ھە دەپ ئەرز-شىكايەت قىلىۋاتاتتى. [11] ھېرود خان ۋە ئۇنىڭ
لەشكەرلىرى ئۇنى خارلاپ مەسخىرە قىلىشىپ، ئۇنىڭغا شاھانە تون-

3:23 «پىلاتۇس ئۇنىڭدىن: ــ سەن يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىمۇسەن؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇ: ــ ئېيتقىنىڭدەك، ــ دەپ جاۋاب بەردى» ــ «ئېيتقىنىڭدەك» گرېك تىلىدا بۇ سۆزنىڭ «شۇنداق، لېكىن ئەمەلىيەت دەل سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئەمەس» دېگەن پۇرىقى چىقىدۇ.
**3:23** مات. 11:27؛ مار. 2:15؛ يـۇھ. 33:18.
**7:23** لۇقا 1:3.
**8:23** لۇقا 7:9.

كىيىم كىيدۈرۈپ، ئۇنى يەنە پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا قايتۇرۇپ يوللىدى.
[12] مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، پىلاتۇس بىلەن ھېرود دوست بولۇپ قالدى؛
چۈنكى ئىلگىرى ئۇلار ئارىسىدا ئاداۋەت بولغانىدى.

## ئەيسانىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى

مات. 27:15-26؛ مار. 15:6-15؛ يۇھ. 18:39-40؛ 19:1-16

[13] ۋالىي پىلاتۇس باش كاھىنلارنى، يەھۇدىي ھۆكۈمدارلارنى ۋە
خالايىقنى يىغىپ، [14] ئۇلارغا:
سىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن «خەلقنى ئازدۇرىدۇ ۋە قۇترىتىدۇ»
دەپ شىكايەت قىلىپ ئۇنى ئالدىمغا تارتىپ كەلدىڭلار. مانا، مەن
سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئۇنى سوراق قىلغىنىم بىلەن، ئۇنىڭدىن
سىلەر شىكايەت قىلغان جىنايەتلەردىن بىرىنىمۇ تاپالمىدىم.
[15] ھېرودمۇ تاپمىدى؛ چۈنكى مەن سىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتىم.
مانا، ئۇنىڭدا ئۆلۈمگە لايىق ھېچقانداق جىنايەت يوق ئىكەن. [16] شۇڭا
مەن ئۇنى جازالاپ، ئاندىن قويۇپ بېرىمەن، ــ دېدى [17] (ئۇنىڭ ھەر
قېتىملىق ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا، يەھۇدىي مەھبۇسلاردىن بىرىنى
ئۇلارغا قويۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى). [18] لېكىن كۆپچىلىك
تەڭلا چۇقان سېلىشىپ:

---

**12:23** روس. 27:4.

**13:23** مات. 27:23؛ مار. 15:14؛ يۇھ. 18:38؛ 19:4.

**15:23** **«ھېرودمۇ تاپمىدى»** ــ ياكى «ھېرود ئۇنى (بىزگە) قايتۇرۇۋېتىپتۇ».

**16:23** **«شۇڭا مەن ئۇنى جازالاپ، ئاندىن قويۇپ بېرىمەن»** ــ بۇ «جازالاش» بەلكىم قامچىلاش بولاتتى. بۇ سۆزلەر ئۇقۇرمەنلەرگە غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بىراۋدا جىنايەت بولمىسا، نېمىشقا ئۇنى جازالايدۇ؟ مۇنداق ئادالەتسىزلىك رىم ئىمپېرىيەسى تۈزۈمىدە بەك كۆپ ئىدى. ئۇلار دېلونى سۈرۈشتە قىلغاندىمۇ ئادەمنى قامچىلايتتى («روس.» 22:24نى كۆرۈڭ). لېكىن مۇشۇ يەردە پىلاتۇسنىڭ ئەيسانى مۇنداق «قامچىلايمەن» دېيىشىنىڭ مەقسىتى پەقەت يەھۇدىي چوڭلارنى بىر ئاز رازى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، خالاس.

**17:23** مات. 27:15؛ مار. 6:15؛ يۇھ. 39:18.

بۇنى يوقىتىڭ! بىزگە باراباسنى قويۇپ بېرىڭ! ــ دېيىشتى
[19] (باراباس بولسا شەھەردە توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ۋە قاتىللىق
قىلغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان مەھبۇس ئىدى). [20] شۇنىڭ
بىلەن پىلاتۇس ئەيسانى قويۇپ بېرىشنى خالاپ، كۆپچىلىككە يەنە
سۆز قىلغىلى تۇردى. [21] لېكىن ئۇلار جاۋابەن يەنە چۇقان سېلىشىپ:
كرېستلىگىن، ئۇنى كرېستلىگىن! ــ دەپ ۋارقىراشتى.
[22] پىلاتۇس ئۈچىنچى قېتىم ئۇلارغا:
نېمىشقا؟ ئۇ زادى نېمە يامانلىق قىلغان؟ مەن ئۇنىڭدىن ئۆلۈمگە
لايىق ھېچ جىنايەت تاپالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى جازالاپ،
قويۇپ بېرىمەن، ــ دېدى.
[23] بىراق ئۇلار يەنىلا ھە دەپ چۇقان سېلىشىپ: «ئۇ كرېستلەنسۇن!»
دەپ تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەمدە باش كاھىنلارنىڭ
چۇقانلىرى ئاخىر كۈچلۈك كەلدى. [24] پىلاتۇس ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە
ئادا قىلىنسۇن دەپ ھۆكۈم چىقاردى. [25] ۋە ئۇلارنىڭ تىلىگىنىنى، يەنى
توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە قاتىللىق ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغاننى قويۇپ
بېرىپ، ئەيسانى ئۇلارنىڭ خاھىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

## ئەيسانىڭ كرېستلىنىشى

مات. 27:32-44؛ مار. 15:21-32؛ يـۇھ. 19:17-19

[26] ۋە ئۇلار ئۇنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، يولدا كۇرىنى شەھىرىلىك سىمون
ئىسىملىك بىر كىشى سەھرادىن كېلىۋاتاتتى؛ ئۇلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ،
كرېستنى ئۇنىڭغا كۆتۈرگۈزۈپ، ئەيسانىڭ كەينىدىن ماڭدۇردى.

---

**18:23** روس. 14:3.

22:23 **«شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى جازالاپ، قويۇپ بېرىمەن»** ــ 16-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**24:23** مات. 26:27؛ مار. 15:15؛ يـۇھ. 16:19.

26:23 **«ۋە ئۇلار ئۇنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، يولدا كۇرىنى شەھىرىلىك سىمون ئىسىملىك بىر كىشى سەھرادىن كېلىۋاتاتتى؛ ئۇلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، كرېستنى ئۇنىڭغا كۆتۈرگۈزۈپ، ئەيسانىڭ كەينىدىن ماڭدۇردى»** ــ باشقا ئىنجىل بايانلىرىدىن بىلىمىزكى، بۇنىڭ سەۋەبى ئەيسانىڭ ھالسىراپ كەتكەنلىكىدىن ئىدى «مات.» 27:32، «مار.» 15:21 ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

27 ئەيسانىڭ كەينىدە زور بىر توپ خەلق، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىچىنىپ
يىغا-زار كۆتۈرۈشۋاتقان ئاياللارمۇ ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. 28 لېكىن
ئەيسا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇلارغا:
ئەي يېرۇسالېمنىڭ قىزلىرى! مەن ئۈچۈن يىغلىماڭلار، بەلكى
ئۆزۈڭلار ۋە باللىرىڭلار ئۈچۈن يىغلاڭلار! 29 چۈنكى سىلەرگە
شۇنداق ئىغىر كۈنلەر كېلىدۇكى، كىشىلەر: «تۇغماسلار، بالا
كۆتۈرمىگەن قورساقلار ۋە ئېمىتمىگەن ئەمچەكلەر بەختلىكتۇر!»
— دېيىشىدۇ. 30 شۇ چاغدا كىشىلەر تاغلارغا: «ئۈستىمىزگە ئۆرۈل!»،
دۆڭلۈكلەرگە: «ئۈستىمىزنى ياپ!» دەپ نىدا قىلىشىدۇ. 31 چۈنكى
ئادەملەر ياپيېشىل دەرەختكە شۇنداق ئىشلارنى قىلغان يەردە، قۇرۇپ
كەتكەن دەرەختكە نېمە ئىشلار بولار؟! — دېدى.
32 ئىككى جىنايەتچىمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغىلى ئۇنىڭ بىلەن
تەڭ ئېلىپ كېلىنگەنىدى. 33 ۋە ئۇلار «باش سۆڭەك» دەپ ئاتالغان
جايغا كەلگەندە، ئۇ يەردە ئۇنى ۋە يەنە ئىككى جىنايەتچىنى، بىرىنى
ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ۋە يەنە بىرىنى سول يېنىدا كرېستكە تارتتى.
34 ئەيسا:

---

30:23 **«شۇ چاغدا كىشىلەر تاغلارغا: «ئۈستىمىزگە ئۆرۈل!»، دۆڭلۈكلەرگە: «ئۈستىمىزنى ياپ!» دەپ نىدا قىلىشىدۇ»** — خۇدانىڭ غەزىپى شۇنچە دەھشەتلىك بولىدۇكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قېچىش ئۈچۈن ھەرقانچە قورقۇنچلۇق ئامال-چارە بولسىمۇ، خالايدۇ. «ھوش.» 8:10 ۋە «ۋەھيي» 16:6نى كۆرۈڭ.

**30:23** يەش. 19:2؛ ھوش. 8:10؛ ۋەھ. 16:6؛ 6:9.

31:23 **«چۈنكى ئادەملەر ياپيېشىل دەرەختكە شۇنداق ئىشلارنى قىلغان يەردە، قۇرۇپ كەتكەن دەرەختكە نېمە ئىشلار بولار؟!»** — بۇ سىرلىق بېشارەت بەلكىم: «مەن گۇناھسىز، مېھرىبان بولۇپ خۇدانىڭ جازا قوراللىرى بولغان چەتئەللىكلەرنىڭ قولىدا شۇنچە كۆپ ئازاب تارتقان يەردە، كەلگۈسىدە سىلەردەك گۇناھقا پاتقانلارنى ئۇلار قانداق جازالار؟» دېگەندەك.

**31:23** يەر. 29:25؛ 1پېت. 17:4.

**32:23** يۇھ. 18:19.

33:23 **««باش سۆڭەك» دەپ ئاتالغان جاي»** — «باش سۆڭەك» گرېك تىلىدا «كالۋارىي»، ئىبرانىي تىلىدا «گولگوتا».

**33:23** مات. 33:27، 38؛ مار. 22:15؛ يۇھ. 18:19.

ئى ئاتا، ئۇلارنى كەچۈرگىن، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە
قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، ــ دېدى.
لەشكەرلەر چەك تاشلاپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى بۆلۈشۈۋالدى. 35 خالايىق
قاراپ تۇراتتى، يەھۇدىي ھۆكۈمدارلارمۇ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا
دىمىغىنى قېقىپ مەسخىرە قىلىپ: باشقىلارنى قۇتقۇزۇپتىكەن!
ئەگەر ئۇ راستتىن خۇدانىڭ مەسىھى، ئۇنىڭ تاللىۋالغىنى بولسا،
ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ باقسۇن! ــ دېيىشتى.
36 لەشكەرلەرمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ، يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا
سىركە تەڭلەپ:
37 ــ ئەگەر سەن يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى بولساڭ، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇپ
باق! ــ دېيىشتى.
38 ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاختايغا گرېكچە، لاتىنچە ۋە ئىبرانىيچە
ھەرپلەر بىلەن: «بۇ كىشى يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىدۇر» دەپ يېزىپ
قويۇلغانىدى.
39 ئۇنىڭ بىلەن بىللە كرېستكە تارتىلغان ئىككى جىنايەتچىنىڭ
بىرى ئۇنى ھاقارەتلەپ:
سەن مەسىھ ئەمەسمىدىڭ؟ ئەمدى ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ قۇتقۇزە! ــ
دېدى.
40 بىراق يەنە بىرى ئۇنىڭ گېپىگە تەنبىھ بېرىپ: سەن ئۆزۈڭ
ئوخشاش ھۆكۈمنىڭ تېگىدە تۇرۇپ خۇدادىن قورقمامسەن؟ 41 بىزنىڭ
جازالىنىشىمىز ھەقلىق، چۈنكى ئۆز قىلمىشلىرىمىزنىڭ
تېگىشلىك جازاسىنى تارتىتۇق؛ لېكىن بۇ كىشى ھېچقانداق ناتوغرا

---

**34:23** زەب. 18:22؛ مات. 35:27؛ مار. 24:15؛ يۇھ. 23:19؛ روس. 60:7؛ 1كور. 12:4.

38:23 **«ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاختايغا گرېكچە، لاتىنچە ۋە ئىبرانىيچە ھەرپلەر بىلەن: «بۇ كىشى يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىدۇر» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى»** ــ رىملىقلار بۇ سۆزلەرنى ئەيسابى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن يازغان، ئەلۋەتتە. شۈبھىسىزكى، پىلاتۇس بۇ ئارقىلىق **يەھۇدىيلارنىمۇ** مەسخىرە قىلماقچى ياكى ئەيىبلىمەكچى بولغان؛ بىراق خۇدا بولسا بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرسەتكەن («يۇھ.» 19:19-22نى، «زەب.» 10:76نى كۆرۈڭ).

**38:23** مات. 37:27؛ مار. 26:15؛ يۇھ. 19:19.

ئىش قىلمىغانغۇ! ــ دەپ جاۋاب بەردى. [42] ئاندىن، ئۇ ئەيساغا:
ئى رەب، پادىشاھلىقىڭ بىلەن كەلگىنىڭدە، مېنى ياد قىلغىن، ــ
دېدى.
[43] ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ بەرھەق، مەن ساڭا ئېيتايكى، بۈگۈن سەن مەن
بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن، ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ ئۆلۈمى

مات. 27:45-56؛ مار. 15:33-41؛ يـۇھ. 19:28-30

[44] ھازىر ئالتىنچى سائەت بولۇپ، پۈتۈن زېمىننى توققۇزىنچى
سائەتكىچە قاراڭغۇلۇق باستى. [45] قۇياش نۇرىنى بەرمىدى ۋە
ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسى توساتتىن ئوتتۇرىسىدىن يىرتىلىپ
ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. [46] ئەيسا قاتتىق ئاۋاز بىلەن نىدا
قىلغاندىن كېيىن: ــ ئى ئاتا! روھىمنى قولۇڭغا تاپشۇردۇم، ــ دېدى-
دە، تىنىقى توختاپ، جان ئۈزدى.

---

43:23 **«بەرھەق، مەن ساڭا ئېيتايكى، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن»** ــ رەبنىڭ: «سەن «**بۈگۈن**» مەن بىلەن بىللە **جەننەتتە** بولىسەن» دېگەن مۇشۇ سۆزى بەزىلەرنىڭ: «ئەيسا ئۆلگەندىن كېيىن دوزاختا چۈشكەن» دېگەن بىدئەت تەلىمىنىڭ تولىمۇ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ توغرۇلۇق ئازراق توختىلىمىز

44:23 **«ئالتىنچى سائەت...توققۇزىنچى سائەت»** ــ «ئالتىنچى سائەت» چۈش بولۇپ، «توققۇزىنچى سائەت» چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ. يەھۇدىيلار ۋاقىتنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن باشلاپ ھېسابلايتتى (مەسىلەن، ئۇلاردا «بىرىنچى سائەت» بىزدە سائەت يەتتە بولاتتى).

**44:23** مات. 27:45؛ مار. 15:33.

45:23 **«ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسى توساتتىن ئوتتۇرىسىدىن يىرتىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى»** ــ «مات.» 27:51دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**45:23** مات. 27:51؛ مار. 15:38.

46:23 **«ئەيسا... تىنىقى توختاپ، جان ئۈزدى»** ــ ياكى «ئەيسا... روھىنى چىقاردى». گرېك تىلىدا «روھ» ۋە «تىنىق» بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «زەب.» 31:5نى كۆرۈڭ. مۇشۇ ئايەتتىكى بىرىنچى «قاتتىق ئاۋاز بىلەن نىدا قىلىش»ى بەلكىم «يۇھ.» 19:30دە خاتىرىلەنگەن

**46:23** زەب. 31:5؛ مات. 27:50؛ مار. 15:37؛ يـۇھ. 19:30؛ روس. 7:59.

[47] ئۇ يەردە تۇرغان يۈزبېشى يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرۈپ: ــ بۇ ئادەم
ھەقىقەتەن دۇرۇس ئادەم ئىكەن! ــ دەپ خۇدانى ئۇلۇغلىدى.
[48] ۋە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈشكە يىغىلغان بارلىق خەلق يۈز بەرگەن
ئىشلارنى كۆرۈپ كۆكرەكلىرىگە ئۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. [49] ۋە
ئۇنى تونۇيدىغان بارلىق كىشىلەر ۋە گالىلىيەدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
كەلگەن ئاياللار يىراقتا تۇرۇپ، بۇ ۋەقەلەرگە قاراپ تۇردى.

## ئەيسانىڭ دەپنە قىلىنىشى

مات. 61-57:27؛ مار. 47-42:15؛ يۇھ. 42-38:19

[51-50] ۋە مانا شۇ يەردە كېڭەشمىدىكىلەردىن يۈسۈپ ئىسىملىك
بىرى بار ئىدى. ئۇ ئۆزى ئاقكۆڭۈل ۋە ئادىل ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ
مەسلىھەتىگە ۋە قىلغىنىغا قوشۇلمىغانىدى. ئۆزى يەھۇدىيە
ئۆلكىسىدىكى ئارىماتىيا دېگەن بىر شەھەردىن بولۇپ، خۇدانىڭ
پادىشاھلىقىنى تەلمۈرۈپ كۈتەتتى. [52] ئۇ ئۆزى پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا
بېرىپ ئەيسانىڭ جەسىتىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى؛ [53] ۋە ئۇنى
كرېستتىن چۈشۈرۈپ كاناپ بىلەن كېپەنلەپ، قورام تاشتىن ئويۇپ
ياسالغان، ھېچكىم قويۇلمىغان بىر قەبرىگە دەپنە قىلدى. [54] بۇ
«تەييارلىق كۈنى» بولۇپ، شابات كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

---

**47:23** مات. 54:27؛ مار. 39:15.

**51-50:23** مات. 57:27؛ مار. 43:15؛ يۇھ. 38:19.

**53:23** مات. 40:12؛ 12:26؛ 59:27؛ مار. 46:15؛ يەش.9:53

54:23 **«بۇ «تەييارلىق كۈنى» بولۇپ، شابات كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىدى»** ــ «تەييارلىق كۈنى» شابات كۈنى (دەم ئېلىش كۈنى، شەنبە كۈنى)نىڭ ھارپا كۈنىدۇر. دەم ئېلىش كۈنىدە كىشىلەرنىڭ «ئىش قىلماسلىق»ى ئۈچۈن ھارپا كۈنىدە تاماق ئېتىلىشى ۋە باشقا كېرەكلىك خىزمەتلەرنى ئالدىنئالا قىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى ــ شۇڭا ئالدىنقى كۈنى «تەييارلىق كۈنى» دەپ ئاتىلاتتى.
—تەۋرات كالېندارى بويىچە «پېتىر نان ھېيتى»نىڭمۇ بىرىنچى كۈنى («نىسان»، يەنى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى) «شابات كۈنى» دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى («لاۋ.» 23:6-7). شۇڭا ئۇنىڭ ھارپا كۈنىمۇ «تەييارلىق كۈنى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ «نىسان» ئاينىڭ 14-كۈنى ئىدى.
—شابات كۈنى يەھۇدىيلار ئارىسىدا ھەپتىنىڭ بارلىق كۈنلىرىگە ئوخشاشلا كەچقۇرۇن باشلىنىدۇ.

[55] ۋە ئۇنىڭ بىلەن گالىلىيەدىن كەلگەن ئاياللار يۈسۈپكە ئەگىشىپ،
قەبرىنى ۋە ئۇنىڭ جەسەتىنىڭ قانداق قويۇلغىنىنى كۆردى. [56] ئاندىن
يېنىپ بېرىپ ئەتىرلەر ۋە خۇش پۇراقلىق بۇيۇملارنى تەييار قىلدى ۋە
تەۋراتتىكى ئەمر بويىچە شابات كۈنى ئارام ئېلىشتى.

## ئەيسانىڭ تىرىلىشى

مات. 28:1-10؛ مار. 16:1-8؛ يۇھ. 20:1-10

24 [1] ئەمدى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدە تاڭ يورۇراي دەپ
قالغاندا، ئاياللار ئۆزلىرى تەييارلىغان ئەتىرلەرنى
ئېلىپ، قەبرىگە كەلدى. [2] ئۇلار قەبرىنىڭ ئاغزىدىكى تاشنىڭ
دومىلىتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى؛ [3] ۋە قەبرىگە كىرىپ قارىۋىدى،
رەب ئەيسانىڭ جەسىتى يوق تۇراتتى. [4] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلار
بۇنىڭدىن پاتىپاراق بولۇپ تۇرغاندا، مانا، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان
كىيىملەرنى كىيگەن ئىككى زات ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بو
لدى. [5] ئاياللار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، يۈزلىرىنى يەرگە يېقىشتى.
ئىككى زات ئۇلارغا: ــ نېمە ئۈچۈن تىرىك بولغۇچىنى ئۆلگەنلەرنىڭ
ئارىسىدىن ئىزدەيسىلەر؟ [6-7] ئۇ بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى ئۇ تىرىلدى!

---

**55:23** لۇقا 2:8.

**56:23 «ئاياللار ئەتىرلەر ۋە خۇش پۇراقلىق بۇيۇملارنى تەييار قىلدى»** ــ «بۇيۇملار» ــ ياكى «مەلھەملەر». بۇ بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ مەقستى جەسەتنىڭ ئۈستىگە چېچىپ ئۇنىڭ چىرىپ كېتىشىنى ئاستىلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

**1:24 «ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى»** ــ ياكى «شاباتتىن كېيىنكى كۈن»، يەنى يەكشەنبە. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى ««ھەپتىلەر»نىڭ بىرىنچى كۈنى». «پېتىر نان ھېيتى»دىن «ئورما ھېيتى»غىچە 7 ھەپتە، يەنى 49 كۈن سانىلىشى كېرەك. بۇ ۋاقىت «ھەپتىلەر» دەپ ئاتىلىدۇ، «ئورما ھېيتى» بەزىدە «ھەپتىلەر ھېيتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**1:24** مات. 28:1؛ مار. 16:1؛ يۇھ. 20:1.

**4:24 «نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيگەن ئىككى زات»** ــ «ئىككى زات» گرېك تىلىدا «ئىككى ئەر كىشى». بۇلار پەرىشتىلەر بولسا كېرەك.

ئۇ تېخى گالىلىيەدە تۇرغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ سىلەرگە نېمىنى
ئېيتقىنىنى، يەنى: «ئىنسانئوغلىنىڭ گۇناھكار ئادەملەرنىڭ
قولىغا تاپشۇرۇلۇپ، كرېستلىنىپ، ئۈچىنچى كۈنى قايتا تىرىلىشى
مۇقەررەردۇر» دېگەنلىرىنى ئەسلەپ بېقىڭلار! ــ دېدى.
[8] ۋە ئۇلار ئۇنىڭ دەل شۇنداق دېگىنىنى ئېسىگە ئېلىشتى؛ [9] ۋە
قەبرىدىن قايتىپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئون بىرەيلەنگە،
شۇنداقلا قالغان مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزدى.
[10] روسۇللارغا بۇ ئىشلارنى يەتكۈزگۈچىلەر بولسا ماگداللىق مەريەم،
يوئاننا ۋە ياقۇپنىڭ ئانىسى مەريەم ھەمدە ئۇلار بىلەن بىللە بولغان
باشقا ئاياللار ئىدى. [11] لېكىن ئاياللارنىڭ بۇ ئېيتقانلىرى ئۇلارغا
ئەپسانىدەك بىلىندى، ئۇلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. [12] بىراق
پېترۇس ئورنىدىن تۇرۇپ، قەبرىگە يۈگۈرۈپ باردى. ئۇ ئېڭىشىپ
قەبرە ئىچىگە قارىۋىدى، يالغۇز كاناپ كېپەنلىكنىڭ تىلىم-تىلىم
پارچىلىرىنى كۆرۈپ، يۈز بەرگەن ئىشلارغا تەئەججۈپلىنىپ ئۆيىگە
قايتىپ كەتتى.

## ئېمايۇس يېزىسىغا بارىدىغان يولدا مېڭىۋاتقان سىرلىق مۇساپىر

مار. 16:12-13

[13] ۋە مانا، شۇ كۈندە ئۇلاردىن ئىككىيلەن يېرۇسالېمدىن ئون بىر
چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئېمايۇس دېگەن كەنتكە كېتىپ باراتتى.
[14] ئۇلار يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
[15] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلار سۆزلىشىپ-مۇلاھىزىلىشىپ كېتىۋاتقاندا،

---

**7-6:24** مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18.

**8:24** يۇھ. 22:2.

**9:24** مات. 8:28؛ مار. 10:16.

**12:24** يۇھ. 3:20، 6.

**13:24** **«ئون بىر چاقىرىم»** ــ گرېك تىلىدا «ئاتمىش ستادىيون» ــ بىر ستادىيون تەخمىنەن 185 مېتىر كېلىدۇ.

**13:24** مار. 12:16.

**مانا ئەيسا ئۆزى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ماڭد
ى؛ [16] لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇنى تونۇشتىن تۇتۇلدى.
[17] ئۇ ئۇلاردىن: ــ كېتىۋېتىپ نېمە ئىشلار توغرۇلۇق مۇنازىره
قىلىشىۋاتىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇلار قايغۇلۇق قىياپەتتە
توختاپ، [18] ئۇلاردىن كلېيوپاس ئىسىملىك بىرى جاۋاب بېرىپ: ــ
يېرۇسالېمدا تۇرۇپمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە شۇ يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن
بىردىنبىر خەۋەر تاپمىغان مۇساپىر سەن ئوخشىمامسەن؟! ــ دېدى.
[19] ۋە ئۇ ئۇلاردىن: ــ نېمە ۋەقەلەر بولدى؟ ــ دەپ سورىدى.
«ناسارەتلىك ئەيساغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر!» ــ دېدى ئۇلار، ــ «ئۇ
ئۆزى خۇدانىڭ ئالدىدىمۇ، بارلىق خەلقنىڭ ئالدىدىمۇ ئەمەلدە ۋە سۆزدە
قۇدرەتلىك بىر پەيغەمبەر بولۇپ، [20] باش كاھىنلار ۋە ھۆكۈمدارلىرىمىز
ئۇنى ئۆلۈم ھۆكۈمىگە تاپشۇرۇپ، كرېستلەتتى. [21] بىز ئەسلىدە ئۇنى
ئىسرائىلغا ھەمجەمەت بولۇپ ئازاد قىلىدىغان زات ئىكەن، دەپ
ئۈمىد قىلغاندۇق. لېكىن ئىشلار شۇنداق بولدى، ھازىر بۇ ۋەقەلەر
يۈز بەرگىنىگە ئۈچىنچى كۈن بولدى؛ [22] يەنە كېلىپ، ئارىمىزدىكى
بىرنەچچە ئايال ھەم بىزنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇۋەتتى. چۈنكى ئۇلار
بۈگۈن تاڭ سەھەردە قەبرىگە بېرىپتىكەن، [23] ئۇنىڭ جەسىتىنى
تاپالماي قايتىپ كېلىپ: «بىزگە بىرنەچچە پەرىشتە غايىبانە
كۆرۈنۈشتە ئايان بولۇپ، «ئۇ تىرىك!» دېدى» دەپ ئېيتىپتۇ. [24] بۇنىڭ
بىلەن ئارىمىزدىن بىرنەچچەيلەن قەبرىگە بېرىپ، ئەھۋالنىڭ دەل
ئاياللارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. لېكىن ئۇنى
ئۇلارمۇ كۆرمەپتۇ».**

---

**15:24** مات. 20:18؛ لۇقا 36:24.

**19:24** لۇقا 16:7؛ يۇھ. 19:4؛ 14:6.

21:24 **«بىز ئەسلىدە ئۇنى ئىسرائىلغا ھەمجەمەت بولۇپ ئازاد قىلىدىغان زات ئىكەن، دەپ ئۈمىد قىلغاندۇق»** ــ «ھەمجەمەت-ئازاد قىلغۇچى» ياكى «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» توغرۇلۇق «ئايۇپ» 25:19 ۋە ئىزاھات، شۇنداقلا «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**21:24** روس. 6:1.

**22:24** مات. 8:28؛ مار. 10:16؛ يۇھ. 18:20.

25 ئەيسا ئۇلارغا:
ئەي نادانلار، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە
ئىشىنىشكە قەلبى گاللار! 26 مەسىھنىڭ ئۆزىگە خاس شان-شەرىپىگە
كىرىشتىن بۇرۇن، مۇشۇ جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى
مۇقەررەر ئەمەسمىدى؟ ــ دېدى.
27 ئاندىن پۈتۈن تەۋرات-زەبۇردىن، مۇسا ۋە باشقا بارلىق
پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدىن باشلاپ ئۇ ئۆزى ھەققىدە ئالدىن
پۈتۈلگەنلىرىنى ئۇلارغا شەرھ بېرىپ چۈشەندۈردى.
28 ئۇلار بارىدىغان كەنتكە يېقىنلاشقاندا، ئۇ يىراقراق بىر يەرگە
بارىدىغاندەك تۇراتتى. 29 لېكىن ئۇلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:
كەچ كىرىپ قالدى، ھېلىلا كۈن ئولتۇرىدۇ. بىز بىلەن بىللە قونۇپ
قالغىن، ــ دەپ ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلار بىلەن قونغىلى ئۆيگە
كىردى. 30 ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئۇلار بىلەن داستىخاندا ئولتۇرغاندا،
ناننى قولىغا ئېلىپ، خۇداغا تەشەككۈر ئېيتتى، ئاندىن ناننى ئوشتۇپ
ئۇلارغا تۇتتى. 31 ئۇلارنىڭ كۆزلىرى شۇئان ئېچىلىپ، ئۇنى تونۇدى؛
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن غايىب بولدى. 32 ئۇلار بىر-بىرىگە:
ئۇ يولدا بىز بىلەن پاراڭلىشىپ، بىزگە مۇقەددەس يازمىلارغا شەرھ
بەرگەندە، يۈرەك-باغرىمىز گويا ئوتتەك يانمىدىمۇ؟! ــ دېيىشتى.
34-33 ۋە ئۇلار شۇ ھامان تۇرۇپ يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار
ئىككىسى ئون بىرەيلەن بىلەن ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بىر يەرگە
يىغىلىپ تۇرغىنىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى، ئۇلار: «رەب راستتىن

---

**26:24** يەش. 6:50؛ 5:53؛ فل. 7:2؛ ئىبر. 2:12؛ 1پېت. 11:1.

**27:24** يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ زەب. 11:132؛ يەش. 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 24:37-25؛ دان. 24:9؛ مك. 20:7.

**29:24** يار. 3:19؛ روس. 15:16؛ ئىبر. 2:13.

30:24 **«ئۇ ئۇلار بىلەن داستىخاندا ئولتۇرغاندا، ناننى قولىغا ئېلىپ، خۇداغا تەشەككۈر ئېيتتى، ئاندىن ناننى ئوشتۇپ ئۇلارغا تۇتتى»** ــ «نان ئوشتۇش» ئادەتتە بۇنى مېھمان ئەمەس، بەلكى ساھىبخانا قىلىشى كېرەك ئىدى.

تىرىلىپتۇ. ئۇ سىمونغا كۆرۈنۈپتۇ!» دېيىشىۋاتاتتى. [35] شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار ئىككىيلەنمۇ يولدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ۋە ئۇ ناننى
ئوشتۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق تونۇلغىنىنى كۆپچىلىككە
سۆزلەپ بەردى.

## ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرىغا يەنە كۆرۈنۈشى

مات. 28:16-20؛ مار. 16:14-18؛ يـۇھ. 20:19-23؛ روس. 1:6-8

[36] ۋە ئۇلار بۇ ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقاندا، ئەيسا ئۆزى توساتتىن
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇپ:
سىلەرگە ئامان-خاتىرجەملىك بولغاي! ــ دېدى.
[37] ئۇلار بىرەر روھنى ئۇچراتتۇقمۇ نېمە، دەپ خىيال قىلىپ، ئالاقزادە
بولۇشۇپ ۋەھىمىگە چۈشتى.
[38] ئۇ ئۇلارغا:
نېمىگە شۇنچە ئالاقزادە بولۇپ كەتتىڭلار؟ نېمىشقا قەلبىڭلاردا
شەك-گۇمان چىقىپ تۇرىدۇ؟ [39] قولۇلىرىمغا ۋە پۇتلىرىمغا قاراپ
بېقىڭلار! مېنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىمنى بىلىڭلار! مېنى تۇتۇپ
كۆرۈڭلار، روھنىڭ ئەت بىلەن سۆڭىكى يوق، لېكىن مەندە بارلىقىنى
كۆرىسىلەر، ــ دېدى.
[40] ۋە شۇنداق دېگەچ ئۇلارغا پۇت-قولىنى كۆرسەتتى. [41] ئۇلار خۇشلۇقتىن
كۆزلىرىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي ھەيرانۇھەس تۇرغىنىدا ئۇ ئۇلاردىن:
سىلەرنىڭ بۇ يەردە يېگۈدەك نەرسەڭلار بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

---

34-33:24 **«ئۇلار شۇ ھامان تۇرۇپ يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلدى»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇلار شۇ سائەتتىلا تۇرۇپ يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلدى».
36:24 **«سىلەرگە ئامان-خاتىرجەملىك بولغاي!»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شالوم ئەلەيكۇم»، ئەرەب تىلىدا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
**36:24** مار. 16:14؛ يـۇھ. 19:20؛ 1كور. 5:15.
**41:24** يـۇھ. 10:21.

**[42]ئۇلار بىر پارچە بېلىق كاۋپى ۋە بىر پارچە ھەسەل كۆنىكىنى
ئۇنىڭغا سۇنۇۋىدى، [43]ئۇ ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يېدى.
[44]ئاندىن ئۇ ئۇلارغا:
مانا بۇ مەن سىلەر بىلەن بولغان ۋاقتىمدا سىلەرگە ئېيتقان: «مۇسا
خاتىرىلىگەن تەۋرات قانۇنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى ۋە زەبۇردا
مېنىڭ توغرامدا پۈتۈلگەنلىكى ھەممىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي
قالمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىم ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى.
[45]شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇقەددەس يازمىلارنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ
زېھنلىرىنى ئاچتى [46]ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
مۇقەددەس يازمىلاردا شۇنداق ئالدىن پۈتۈلگەنكى ۋە شۇ ئىش
مەسىھنىڭ ئۆزىگە توغرا كەلدىكى، ئۇ ئازاب چېكىپ، ئۈچىنچى
كۈنىدە ئۆلگەنلەر ئارىسىدىن تىرىلىدۇ، [47]ئاندىن ئۇنىڭ نامى بىلەن
«توۋا قىلىڭلار، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈمىگە مۇيەسسەر بولۇڭلار»
دېگەن خەۋەر يېرۇسالېمدىن باشلاپ بارلىق ئەللەرگە جاكارلىنىدۇ.
[48]سىلەر ئەمدى بۇ ئىشلارغا گۇۋاھچىدۇرسىلەر. [49]ۋە مانا، مەن
ئاتامنىڭ ۋەدە قىلغىنىنى ۋۇجۇدۇڭلارغا ئەۋەتىمەن. لېكىن سىلەر
يۇقىرىدىن چۈشىدىغان كۈچ-قۇدرەت بىلەن كىيگۈزۈلگۈچە، بۇ
شەھەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار».**

---

**44:24** مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 6:24.

**46:24** زەب. 10:16؛ 6:22. 22؛ روس. 3:17.

**47:24** روس. 38:13؛ 1يۇھ. 12:2.

49:24 **«مەن ئاتامنىڭ ۋەدە قىلغىنىنى ۋۇجۇدۇڭلارغا ئەۋەتىمەن»** ــ «ئاتامنىڭ ۋەدە قىلغىنى» ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھى. خۇدا ئۇلارنى «قۇدرەت بىلەن كىيگۈزىدۇ». **«لېكىن سىلەر يۇقىرىدىن چۈشىدىغان كۈچ-قۇدرەت بىلەن كىيگۈزۈلگۈچە، بۇ شەھەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار»** ــ «بۇ شەھەر» ــ يېرۇسالېم.

**49:24** يـۇھ. 26:14؛ 26:15؛ 7:16؛ روس. 4:1.

## ئەيسانىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى

مار. 16:19-20؛ روس. 1:9-11

[50] ۋە ئۇ ئۇلارنى بەيت-ئانىيا يېزىسىغىچە باشلاپ باردى ۋە قوللىرىنى
كۆتۈرۈپ ئۇلارنى بەرىكەتلىدى. [51] ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇلارنى
بەرىكەتلىگەندە ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.
[52] ئۇلار ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشتى ۋە زور خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە
يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىپ، [53] ھەردائىم ئىبادەتخانىدا تۇرۇپ خۇداغا
شۈكۈر-سانا ئوقۇشۇپ تۇردى.

---

**50:24** روس. 1:12.

**51:24** مار. 16:19 روس. 1:9.

53:24 **«...ۋە شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئۇلارنى بەرىكەتلىگەندە ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى... ئۇلار ھەردائىم ئىبادەتخانىدا تۇرۇپ خۇداغا شۈكۈر-سانا ئوقۇشۇپ تۇردى»** ـــ بۇ 36-53-ئايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ مەسىھنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئاخىرقى كۆرۈنۈشى ئىدى. بىراق ئۇنىڭ تىرىلىشىنى بايان قىلىدىغان باشقا خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ بىرىنچى يەكشەنبىدىكى كۆرۈنۈشتىن كېيىن ئەيسا يەنە بىرنەچچە قېتىم مۇخلىسلىرىغا ئايان بولدى. لۇقانىڭ بۇ خاتىرىسى ئەيسانىڭ مۇخلىسلارغا بىرىنچى كۈندىكى كۆرۈنىشلىرىدىن بىراقلا قىرىقىنچى كۈندىكى كۆرۈنۈشكە ئاتلاپ ئۆتكەن بولسا كېرەك (45-ئايەتتە ياكى 50-ئايەتتە «ئاتلاپ ئۆتىدۇ»). شۇڭا ئىنجىلدىكى «تۆت بايان»دا ھېچقانداق زىت يەرلەر يوق، دەپ قارايمىز.
—«لۇقا»نىڭ داۋامى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دۇر، ئەلۇۋەتتە.

# قوشۇمچە سۆز

بىز مۇشۇ يەردە پۈتۈن «بايان» توغرۇلۇق ئەمەس، بەلكى بەزى ئالاھىدە قىزىق نۇقتا ياكى قىيىنلىقى بار ئايەتلەر ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز. «لۇقا»، «ماتتا» ۋە «ماركۇس»نى ئوقۇغانلار بولسا، ئۇ كىتابلاردا نۇرغۇن ئورتاق بايانلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. بىز تەرجىمىمىزدىمۇ، شۇنداق ئورتاق يەرلەر ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، «ماتتا»، «ماركۇس» ۋە «لۇقا»دىكى ئىزاھاتلار ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى بىر-بىرىگە باغلىغان ھالدا يېزىشقا تىرىشتۇق.

42:10 «بىراق بىرلا ئىش زۆرۈردۇر؛ ۋە مەريەم شۇنىڭدىن ئۆزىگە نېسىۋە بولىدىغان ياخشى ئۈلۈشنى تاللىدى؛ بۇ ھەرگىز ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىنمايدۇ».

مارتا ۋە مەريەم ئىككىسى، شۈبھىسىزكى، ئەيسانى ئۆيىگە قارشى ئالدى؛ لېكىن ئەسلىدە ئۆينى تەكلىپ قىلغۇچى مارتا بولۇشى مۇمكىن (بۇ يەردىكى مەريەم ئەيسانىڭ ئانىسى مەريەم ئەمەس، ئەلۋەتتە). مارتا نۇرغۇن مېھمانلارنى كۈتۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى ۋە مەريەم ئەيسانىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشاۋاتاتتى. مارتا ئەيساغا مەريەم ماڭا ياردەم قىلمىدى، دەپ ئاغرىنىدۇ. بىزنىڭ ئەيسانىڭ بەرگەن مۇنۇ جاۋابىغا ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ: —

«ئەي مارتا، مارتا، سەن كۆپ ئىشلارنىڭ غېمىنى يەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈۋاتىسەن. بىراق بىرلا ئىش زۆرۈردۇر؛ ۋە مەريەم شۇنىڭدىن ئۆزىگە نېسىۋە بولىدىغان ياخشى ئۈلۈشنى تاللىدى؛ بۇ ھەرگىز ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىنمايدۇ».

ئەيسا مارتاغا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىم تەكرارلاپ چوڭقۇر ئامراقلىق بىلەن سۆز قىلىدۇ (ئىبرانىي تىلىدا ئادەمنىڭ ئىسمىنى قايتىلاپ چاقىرىش كۈچلۈك ئامراقلىق، مېھىر-مۇھەببەتنى بىلدۈرىدۇ). ئۇنىڭ سۆزىدىن مارتانىڭ كۆڭلىنىڭ كۆپ ئىشلارغا بۆلۈنۈپ، غەمدە قېلىۋاتقىنىنى بايقايمىز؛ ئەمما رەببىمىز بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭغا «بىراق بىرلا ئىش

زۆرۋردۇر» دەپ مۆلايىملىق بىلەن تەنبىھ بېرىدۇ. ئەمدى ئۇ ئېيتقان «زۆرۈر بولغان ئىش» بولسا ئۇنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ سۆزىنى تىڭشاشتىن ئىبارەت، دېمەكچىمۇ؟ بىزنىڭمۇ ئۇنىڭ مارتاغا ئېيتقان بۇ سۆزىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ ــ چۈنكى رەببىمىز مەريەم تاللىۋالغان «رەبنىڭ سۆزىنى تىڭشاش»نى «ئۆزىگە نېسىۋە بولىدىغان ياخشى ئۈلۈش»، دەيدۇ. «ئۈلۈش» بىر پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم قىسمىدۇر. شۇڭا باشقا ئىشلارمۇ «زۆرۈر بولغان بىرلا ئىش»نىڭ مەلۇم قىسمى بولۇشى كېرەك. ئۇنداقتا «زۆرۈر بولغان بىرلا ئىش»، يەنى «پۈتۈن بىر ئىش» زادى نېمە؟

مۇقەددەس يازمىلاردىكى كۆپ باشقا يەرلەردە بۇ سوئالغا جاۋاب تەمىنلەيدۇ، دەپ قارايمىز: ــ

«سىلەر قۇللار، ئەتتىن بولغان خوجايىنىڭلارغا مەسىھكە ئىتائەت قىلغىنىڭلاردەك چىن كۆڭلۈڭلاردىن ئەيمىنىش ۋە تىترەش بىلەن ئىتائەت قىلىڭلار؛ پەقەت كۆز ئالدىدىلا خىزمەت قىلىپ، ئادەمنى خۇش قىلغۇچى قۇللاردىن بولماڭلار، بەلكى مەسىھنىڭ قۇللىرىنىڭ سۈپىتىدە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى جان-دىل بىلەن بەجا كەلتۈرۈڭلار، ئادەملەرگە ئەمەس، بەلكى رەبگە چىن دىلىڭلاردىن خىزمەت قىلىڭلار» («ئەف.» 6:5-7).

«ۋە ھەممە ئىشلاردا، سۆز بولسۇن، ئەمەل بولسۇن، ھەممىسىنى رەب ئەيسانىڭ نامىدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىلىق خۇدائاتىغا رەھمەت ئېيتىڭلار» («كول.» 17:3).

«نېمە ئىشنى قىلىۋاتقان بولساڭلار، ئۇنىڭدا ئىنسانلار ئالدىدا ئەمەس، بەلكى رەب ئالدىدا قىلغاندەك جان-دىل بىلەن ئۇنىڭغا ئىشلەڭلار» («كول.» 23:3).

ھەممىمىز «قۇللار» ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىراق روسۇل پاۋلۇس مۇشۇ ئايەتلەردە تەتبىقلايدىغان پرىنسىپنى ھەممىمىزگە تەتبىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەيلى خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولسۇن، مەيلى باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن «چىن كۆڭلۈڭلاردىن»، «جان-دىل بىلەن»، «پۈتۈن قەلب بىلەن» رەبنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلغاندەك ياكى ئۇنىڭ ئالدىدا قىلغاندەك قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىزدە شۇ مۇمكىنچىلىك

باركى: ــ (1) خىزمەت قىلغىنىمىزدا نىيىتىمىز دۇرۇس بولمايدۇ؛ (2) بىز قىلغان خىزمىتىمىزدە تەشەككۈر ئېيتمايمىز، بەلكى ئاغرىنىمىز.

ئالايلۇق، بىز خىزمەتكە چىن كۆڭلىمىزدىن بېرىلمىسەك، بىز ھەتتا جامائەتتە رەبنىڭ خىزمىتىدە بولغىنىمىزدىمۇ، قېرىنداشلار بىزگە رەھمەت بىلدۈرمىسە ياكى خىزمىتىمىزنى بايقىمىسا، بىزدە خاپىچىلىق ياكى مەيۈسلۈك پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئىش ھېچ بولمىغاندا، بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە يالغۇز خۇدانى رازى قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ قېرىنداشلارنىڭ مىننەتدارلىقى ياكى ئالقىشلىرىغا، ھەتتا ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەيلى دېگەن قىسمەن تۈرتكە بىلەن تىرىشقانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر يالغۇز خۇدانىلا رازى قىلىش نىشانى بىلەن ئىشلىسەك، ئۇنداقتا، ھەتتا ھېچكىم خىزمىتىمىزنى كۆرمىسىمۇ خۇدادىن كەلگەن شادلىق بىزدە بولاتتى.

خۇدا ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىمىز شادلىق بىلەن بولمىسا، بەلكى كۆڭلىدە نارازىلىق ياكى خاپىچىلىق بىلەن بولسا، ئۇنداقتا خىزمىتىمىزنى توختىتىپ، شۇ ئەھۋالىمىزنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، بىز مەلۇم كىشىلەرگە خەيرخاھلىق كۆرسىتەي دېگەن نىيەتتە بولساق، ئۇنداقتا شاد-خۇراملىق بىلەن قىلىشىمىز كېرەك. بولمىسا، ھېچقانداق سەدىقە بەرمەسلىككە توغرا كېلىدۇ. «ھەر ئادەم ھېچ قىينىلىپ قالماي ياكى مەجبۇرەن ئەمەس، بەلكى ئۆز كۆڭلىدە پۈككىنىچە بەرسۇن؛ چۈنكى خۇدا خۇشاللىق بىلەن بەرگۈچىنى ياخشى كۆرىدۇ» («2كور.» 7:9). يەنە، «... خەيرخاھلىق كۆرسىتىشنى بولسا، خۇشال-خۇراملىق بىلەن قىلسۇن» («رىم.» 7:12). چۈنكى باشقىلارغا ياردەم بەرگەندە بىزدە خۇرسەنلىك تۇيغۇسى بولمىسا، ئۇنداق قىلغىنىمىز بىزگە ئېغىر تۇيۇلسا، ئۇنداقتا ياردەم قوبۇل قىلغۇچىدا «ماڭا ياردەم بەرگۈچى بۇ ئىشتا چوڭ بەدەل تۆلىدى» دېگەندەك تەسىر قالدۇرماي قالمايمىز. ياردەم قوبۇل قىلغان كىشى: «قەرزدار بولۇپ قالدىم» دېگەن ھېسسىياتتا كېلىپ قالىدۇ. ئەكسىچە، بىزگە تاپشۇرۇلغان ئەمرلەر بويىچە باشقىلارغا «قەرزنى قايتۇرۇشۇم كېرەك» دېگەن تەسىرنى قالدۇرماسلىقىمىز لازىم: ــ «ياخشىلىق قىلغىلار، باشقىلارغا ئۆتنە بېرىڭلار ۋە «ئۇلار بىزگە بېرىنىمە قايتۇرىدۇ» دەپ ئويلىماڭلار» («لۇقا» 35:6).

مەريەم نىمە ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ چوقۇم ئەيسانىڭ سۆزىنى تىڭشاي دېگەنىدى. ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش پەيتلىرى شۇنچە قىممەتلىك

ئىدى! بۇنداق ئەھۋالدا كىمنىڭ باشقا ئىشنى قىلىشقا رايى باردۇ؟ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئولتۇرۇپ ئەيسانىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. بۇ چاغدا، شۈبھىسىزكى، بىرسى: «مارتامۇ مېھمانلارنى كۈتمەي، ئۇمۇ ئولتۇرۇۋېلىپ ئەيسانىڭ سۆزىنى تىڭشىسا، ئۇنداقتا مېھمانلارغا غىزا نەدىن كېلەتتى؟» دەپ سورايدۇ. لېكىن ئەگەر ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ تاماق ئەتمىسە، بۇ بىر چوڭ پاجىئە بولاتتى؟ مېھمانلار پەقەت نان ۋە سوغۇق سۇ بىلەن ئوزۇقلاندىمۇ، دەيلۇق، كىم ئۇنىڭدىن نارازى بولاتتى؟ ياكى بەلكىم ئاخىر بىرىپ ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قولمۇقول بىرەر تاماق تەييارلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇلارنى بىز ھازىر ھەرگىز بىلەلمەيمىز. مارتا «داستىخىنى كەڭ ساھىبخانا» دېگەن نام-ئابرۇيدىن مەھرۇم بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ شۇ ئابرۇيى شۇنچە مۇھىممۇ؟ ئېنىقكى، ئەيسانىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تاللاش يولىنى قويۇپ: «مارتا، سەن مېھمانلارنى كۈتمەي دېسەڭ، ئۇنداقتا بۇ ئىش خۇشاللىق، رازىلىق بىلەن قىلىنسۇن؛ قەلبىڭدە باشقا ئىش قىلاي دېگەن ئىستەك بولسا شۇنىڭغا ئەركىنلىك بولسۇن، شۇنداق قىلساڭ ھەتتا تامىقىڭ يەتمەي قالسىمۇ، قەلبىڭدە سەن خۇداغا شان-شەرەپ ئوقۇغىرسەن» دېگىنىدەك بولىدۇ.

بۇ سۆزلەرنىڭ ئۈستىگە شۇنى قوشالايمىزكى، جىددىيلىك بولۇپ كەتكەن بۇ دەۋرىمىزدە «ئاددىيلاشتۇرۇش»نىڭ تولىمۇ ھاجىتى باردۇر. تۇرمۇشىمىز مۇرەككەپلىك ۋە ئالدىراشلىق بىلەن تولغاچقا، خۇدا ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىش، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ۋە ئۇنىڭ سۆز-كالامىنى ئوقۇشقا چولىمىز تەگمەيدۇ. بىزدە ئىشلىرىمىزنى قەتئىي ئاددىيلاشتۇرۇش نىيىتى بولمىسا، قەلبىمىزدە باشقىلارغا يەتكۈزگۈدەك ھېچقانداق روھىي بايلىقلار بولمايدىغانلىقىنى ۋە پۈتكۈل ئۆمرىمىزنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن ھېچ مەڭگۈ مېۋە بولماي بىكار ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى قاتتىق ئەپسۇس ئىچىدە كۆرىدىغان بولىمىز.

14-13:12 «بىرسى: — ئۇستاز، ئاكامغا ئاتىمىزدىن قالغان مىراسنى مەن بىلەن تەڭ ئۈلۈشىشكە بۇيرۇغايلا — دېدى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: — بۇرادەر، كىم مېنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا سوتچى ياكى ئۈلەشتۈرگۈچى قىلدى؟ — دېدى».

## نېمىشقا مەسىھ ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىش تەلەپىنى رەت قىلدى؟

مەسىھنىڭ بۇ يەردە ئېيتقان سۆزلىرى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئىككى ئىسرائىللىق قېرىندىشى ئارىسىدا سالاچىلىق قىلماقچى بولغاندا مۇساغا ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزلەرنى ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلتۈرىدۇ: «كىم سېنى بىزگە باشلىق ياكى سوراقچى بولسۇن دەپتۇ! سەن تۈنۈگۈن ھېلىقى مىسىرلىقنى ئۆلتۈرگىنىڭدەك مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟!» («مىس.» 14:2). شۇ چاغدىكى ئادەملەر مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئارىچى بولۇش نىيىتىنى چەتكە قاققىنى خۇدا ئۇلارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇشقا تەييارلاۋاتقان كىشىنى چەتكە قاققىنى ئىدى («روس.» 26:7-35نى كۆرۈڭ). لېكىن مۇشۇ يەردە ئىسرائىللارنىڭ مۇسانى رەت قىلغان بۇ سۆزلىرىنى مەسىھنىڭ ئۆزى ئىشلىتىدۇ. شۇ يول بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چەتكە قاقىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا پۇرتىپ ئېيتىدۇ. يەنى: «سىلەر مېنىڭ مۇشۇ دەۋادا چىقارغان ھۆكۈمۈمنى قوبۇل قىلساڭلارمۇ، لېكىن بارلىق باشقا ئىشلار ئۈستىدە بولغان ھۆكۈملىرىمنى رەت قىلىسىلەر» ــ دېگىنىدەك. چۈنكى خۇدانى ئۆزىمىزگە قولايلىق تەمىنلىگۈچى قورال قىلىۋېلىشىمىزغا بولمايدۇ. بىزگە «ئۇۋال بولغان» دەپ ھېسابلىغان ئىشلاردا ئۇنىڭغا «ئادالەتنى ئايان قىلىپ توغرا ھۆكۈم چىقارغايسەن» دەپ يالۋۇرۇپ، ئەمما ھاياتىمىزدىكى باشقا ئىشلاردا ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ھۆكۈملىرىنى رەت قىلساق، ئۇنىڭغا ھاقارەت كەلتۈرگەنگە باراۋەر بولمامدۇ؟ ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ ھەممە ئىشى ئۈستىدە «خوجام»، «رەببىم» سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىساق، ئۇنى ھەقىقىي قوبۇل قىلغان بولمايمىز.

ھەتتا مەسىھگە داد ئېيتقان مۇشۇ كىشىگە ھەققەتەن ئۇۋال قىلىنغان بولسىمۇ، خۇدا بىلەن بىرگە ماڭغانلار ئۆزى ئۈچۈن ئورۇن-ھوقۇق تالاشماي، بارلىق ئىش-دەۋالىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ۋە شۇنىڭدەك كۆڭلىنى «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن»گە بېرىشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

«مۇبارەك، ياۋاش-مۆمىنلەر! چۈنكى ئۇلار يەر يۈزىگە مىراسخوردۇر»

«سىلەرگە دۈشمەنلىك بولغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، سىلەردىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار»

«ئىنتىقام ئالماقلار، ئى سۆيۈملۈكلىرىم؛ ئۇنى خۇداغا تاپشۇرۇپ ئۇنىڭ غەزىپىگە يول قويۇڭلار، چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان: «پەرۋەردىگار دەيدۇكى، ئىنتىقام مېنىڭكىدۇر، يامانلىق مەن قايتۇرىمەن»». («مات.» 5:5، 5:43-44، «رىم.» 12:19).

## مۇخلىس بولۇش ـ «مۇنار قۇرۇش» «ئۇرۇش قىلىش»

14:28-33 «ئاراڭلاردىن بىرسى مۇنار سالماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئولتۇرۇپ بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزگۈدەك خىراجەت ئۆزۈمدە بارمۇ-يوق دەپ ھېساب قىلماسمۇ؟ ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇلنى سېلىپ پۈتكۈزەلمىسە، كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مازاق قىلىپ: «بۇ ئادەم بىنانى باشلاپ قويۇپ پۈتكۈزەلمىدى» ــ دېمەي قالمايدۇ.
ياكى بىر پادىشاھ يەنە بىر پادىشاھ بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقسا ئالدى بىلەن ئولتۇرۇپ: مېنىڭ ئۈستۈمگە كېلىدىغان يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئىگىسىگە مەن ئون مىڭ ئەسكىرىم بىلەن تاقابىل تۇرالارمەنمۇ؟ دەپ مۆلچەرلەپ كۆرمەمدۇ؟! ئەگەر ئۇ «سوقۇشالمايمەن» دەپ ئويلىسا، دۈشمەن تېخى يىراقتىكى چاغدا ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈلھ شەرتلىرىنى سورايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەردىن كىمدەكىم كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بار-يوقى بىلەن خوشلاشمىسا، ماڭا مۇخلىس بولالماس».

بۇلار مەسىھدىن ئۆگىنىشنىڭ (دېمەك، مۇخلىسى بولۇش ئۈچۈن) باشلىنىشىدا بولىدىغان ئۆزگەرمەس، مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدىغان شەرتلەردۇر. بۇ شەرتلەرگە يۈزلەنمىسە ھېچكىم بىردىنبىر ھەقىقىي بولغان روھىي سەپەرنى قىلالمايدۇ، ھەتتا باشلىنىشىمۇ بولمايدۇ: —

## بىرىنچى ئوخشىتىش - مۇنار قۇرۇش

ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىش «قۇرۇلۇش» جەريانىغا ئوخشايدۇ. ئىمان-ئېتىقاد، شۈكۈرلۈك، بىلىم، تەجرىبە، سەۋر-تاقەت، «روھىي سېزىم»، ئۆزىنى تۇتۇش، مېھىر-مۇھەببەت، ــ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھاياتىمىزغا «خىشنىڭ ئۈستىگە خىش قويغاندەك»

قوشۇش كېرەك. مۇشۇ «قۇرۇلۇش جەريانى» پەقەت بىز يالغۇز بولغان ھالدىلا ئەمەس، بەلكى جەم بولغىنىمىزدىمۇ ئالغا بېسىلىدۇ. مۇقەددەس يازمىلاردىكى «قۇرۇلۇش» ياكى «ئېتىقادنى قۇرۇش» توغرۇلۇق نۇرغۇن ئايەتلەر بار («رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»نى، «مات.» 24:7، «روس.» 49:7، 31:9، «رىم.» 20:15، «1كور.» 1:8، 10:8، 23:10، 4:14، 7:14، «گال.» 18:2، «1تېس.» 11:5، «1پېت.» 5:2، 7:2نى كۆرۈڭ). مەسىھگە بارلىق ئەگەشمەكچى بولغانلار ئالدىمدا ئۆمۈرۋايەت ««قۇرۇش» خىزمىتى» تۇرىدۇ دەپ بىلىشى كېرەك. بۇ خىزمەتنىڭ خەتىرى بار ــ مۇنار ئېگىز، شۇنداقلا ئەتراپتىكى بارلىق ئادەملەر ئۇنى يىراقتىن كۆرەلەيدۇ. قۇرۇلۇش توختاپ قالسا، بۇ ئىشنى مازاق قىلىدىغانلار ئاز بولمايدۇ. لېكىن ھالقىلىق سوئال شۇكى، «مەندە مۇشۇ مۇنارنى قۇرۇپ چىققۇدەك ماتېرىيال بارمۇ؟». ئەمدى بەش كۈنلۈك ئاددىي بىر ئىنسان قانداقمۇ بۇ چوڭ سوئالغا دۇرۇس جاۋاب بېرەلىسۇن؟ بۇ سوئالغا ھازىر ئىككىنچى بىر ئوخشىتىش ۋە سوئال قوشۇلىدۇ.

## ئىككىنچى ئوخشىتىش - جەڭ قىلىش

مەسىھگە ئەگىشىشنى بىر جەڭ ياكى ئۇرۇش دېيىشكە بولىدۇ. بارلىق ئىنسان جانلىرىنىڭ كۈچلۈك بىر دۈشمىنى باردۇر. ئۇ «ئوغرىلايدۇ، ئۆلتۈرىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ» («يۇھ.» 10:10) ۋە مەسىھگە ئەگەشكەنلەرنى دائىم ھۇجۇمغا ئۇچرىتىدۇ. سوئال دېگەن ھەركىملەرگە ئالايتەن جەڭ تەييار قىلماقتا. خۇدانىڭ يولىنى تاللىغانلار بۇ جەڭدىن قاچالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھالقىلىق سوئال شۇكى «مەن تەييارمۇ؟».

بۇنىڭ ئۈستىگە، رەببىمىزنىڭ بۇ تەمسىلدە بۇ جەڭ بەك تەڭسىز كۆرۈنىدۇ. مۇداپىئە قىلغۇچىدا ئون مىڭ لەشكەر، ھۇجۇم قىلغۇچى پادىشاھدا يىگىرمە مىڭ لەشكەر بار. مۇداپىئە قىلغۇچى پادىشاھ جەڭ قىلاي دېسە، شۈبھىسىزكى، بارلىق لەشكەرلەرنى سەپكە قويىدۇ. بىر ئادەممۇ، بىر قورالمۇ زاپاس قالمايدۇ ــ ھەممىسى جەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ۋە بۇلارنى توغرا ئىشلىتىشكە پادىشاھ پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئولتۇرىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان جەڭمۇ بىزدىن بار-يوقمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمدى مۇھىم سوئال شۇكى ــ «مەندە بۇ جەڭنى قىلغۇدەك نېمەم بار؟». ئاددىي بىر ئىنسان بۇنى نەدىن بىلەلىسۇن؟

بۇنىڭغا رەببىمىزنىڭ جاۋابى ئېنىقتۇر. بۇ جاۋابقا كېلىشتىن ئاۋۋال شۇنى دەيمىزكى،

بىز روھىي جەڭدىكى خەتەرلىك، مۇشەققەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە يۈزلىنىشكە تەييار بولمىساق، «سوقۇشالمايمەن» دېسەك، ياخشىسى بىز «ئەلچى ئەۋەتىپ، دۈشمەنلىرىمىزدىن سۈلھ شەرتلىرىنى ئۆتۈنگىنىمىز تۈزۈكتۇر». بىزدە ھېچ گۇمان يوقكى، خۇدانى ئىزدەيدىغان سەپىرىمىزنى تاشلاشقا قوشۇلساقلا، شەيتان بىز بىلەن «سېنى ئاۋارە قىلمايمەن» دەپ سودىلىشىشقا خۇشال بولىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئېسىمىزگە كەلتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇكى، شەيتان سۆزىدە تۇرامدۇ-تۇرمامدۇ؟

ئەمدى «مۇنارنى قۇرۇپ چىققۇدەك نېمەم بار؟» ۋە «جەڭنى ئاخىرغىچە قىلغۇدەك كۈچۈم بارمۇ؟» دېگەن سوئاللارغا رەببىمىز جاۋابەن مۇنداق ئاددىي بىر بايان قىلىدۇ — «شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەردىن كىمدەكىم كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بار-يوقى بىلەن خوشلاشمىسا، ماڭا مۇخلىس بولالماس».

مانا بۇ، بىزدىكى جىمى نەرسىلەرنىڭ يېتەرلىك-يېتەرسىزلىكىنى بىزگە بىلدۈرىدىغان ئاددىي ھەقىقەتتۇر. چۈنكى روشەن ئەمەلىيەت شۇكى، ھەممە نەرسىمىز بۇ ئىشلارغا قەتئىي يەتمەيدۇ! ئۇنداقتا بىز قانداقمۇ ئۆز ھاياتىمىزغا ئىمان-ئېتىقاد، مېھىر-مۇھەببەت، سەۋر-تاقەت، بەرداشلىق، بىلىم، كىچىك پېئىللىقنى قوشۇپ قۇرغۇدەك يول-تەدبىرىمىز بار دەپ ئويلاشقا پېتىنالايمىز؟! بۇ يول-تەدبىرلەر پەقەت ھەممىدىن ئۈستۈن خۇدادىن كېلىدۇ!

پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئاز دېگەندىمۇ ئالتە مىڭ يىل زەرب قىلىپ كەلگەن تەجرىبىسى بار بولغان روھىي بىر دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرالايمىز؟ مۇقەددەس يازمىلاردا ئۇنىڭ توغرۇلۇق: — «ئۇ پۈتۈن دۇنيانى ئازدۇرىدۇ» دەپ خاتىرىلىنىدۇ. پاكىت شۇكى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا كېرەك بولغان دانالىق ۋە ئېتىقادىمىز تولىمۇ يېتەرسىزدۇر. بىزدە ئون مىڭ لەشكەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مىلياردلاپ بولۇشى مۇمكىن! ئۇ بىزنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىمىزگە قاراپ كۈلۈپ تۇرىدۇ!

لېكىن بۇ پاكىت بىزگە كېرەك بولغان جاۋابقا ئېلىپ كېلىدۇ. روھىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ھەمدە روھىي جەڭ ئۈچۈن خۇدانىڭ بارلىق كېرەكلىكىنى تەمىنلىشىگە پۈتۈنلەي تايىنىشىمىز كېرەك. ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تايىنىش ئۈچۈن ئاددىي بىر شەرت بار — «ئۆزىنىڭ بار-يوقى بىلەن خوشلىشىش». بۇ ئىش ھەممىدىن ئاۋۋال ئىچكى (كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئائىت بولغان) بىر قاراردۇر — ماڭا تەئەللۇق ھەممە نەرسىدىن، بارلىق مۇناسىۋەتلىرىمدىن، مېنىڭ بارلىق بىلگىنىمدىن ياكى بىلىمەن

دېگەنلىرىمدىن، بارلىق قىلالايدىغانلىرىمدىن ياكى قىلالايدىغان دېگەنلىرىمدىن — بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن «ھازىر مىنىڭكى ئەمەس» دەپ ۋاز كېچىمەن. ھەممە ئىش ئۇنىڭ قولىغا ئۇلارنى نېمە قىلاي دېسە شۇنى قىلسۇن دەپ تاپشۇرۇلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا روسۇل پاۋلۇس بىزگە ئېيتقىنىدەك «ئويلىغانلىرىمىزدىنمۇ ھەددى-ھېسابسىز ئارتۇق قىلىشقا قادىر بولغۇچى» («ئەف.» 20:3) ئۆزى بىزدە ئىش كۆرۈشكە باشلايدۇ. ئۇ ئۆزى بىزدە مۇنار قۇرىدۇ، ئۇ ئۆزى بىزدە جەڭ يۈرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ «ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، مۇخلىس بولىدىغان» روھىي سەپىرىمىز باشلىنىدۇ.

دەرۋەقە، رەببىمىز بەزىلىرىمىزنى جىسمانىي جەھەتتە «ھەممىدىن ۋاز كېچىدىغان» قىلىپ بېكىتكەن؛ لېكىن بۇ ئىش ھەممىمىز بەل باغلىشىمىز لازىم بولغان ھالقىلىق ئىچكى قارار ئالدىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

رەببىمىز تەلىمىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ: —

«تۇز ياخشى نەرسىدۇر؛ ھالبۇكى، تۇز ئۆز تەمىنى يوقاتسا، ئۇنىڭغا قايتىدىن تۇز تەمىنى قانداقمۇ كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟ ئۇ تۇپراققا ئىشلىتىشكە ياكى ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇشقىمۇ يارىماي، تالاغا تاشلىنىدۇ. ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن!».

بىز باشقا يەرلەردە «تۇز»نىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختالدۇق. «مات.» 13:5 ۋە «كول.» 6:4 ئۈستىدىكى «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ. مۇشۇ يەردە بىز پەقەت شۇنى ئېيتىمىزكى، مۇشۇ مۇتلەق تۈپ تەلىمنى ئۆزىمىزگە سىڭدۈرمىسەك، بىزدە ھېچقانداق «تۇز»، ھېچقانداق «خۇدانىڭ تەمى» بولمايدۇ.

## 15-باب — «يىتىپ كەتكەن قوي، يىتىپ كەتكەن تەڭگە، يوقاپ كەتكەن ئوغۇل» دېگەن ئۈچ تەمسىل توغرىسىدا

بىرىنچىدىن بايقايمىزكى، بۇ ئۈچ تەمسىل ئەمەلىيەتتە بىر تەمسىل بولۇپ (3-ئايەت)، پەرىسىيلەرنىڭ رەببىمىزنى تەنقىد قىلىپ «سەن نېمىشقا گۇناھكارلارنى قوبۇل قىلىپ ئۇلار بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇرىسەن؟!» دېگەن ھۇجۇمىغا جاۋاب بېرىش سۈپىتىدە ئېيتىلغاندۇر. بۇ ئۈچ تەمسىل، بولۇپمۇ ئۈچىنچىسى شۇنچە مول مەزمۇنلۇقكى، ئىنگلىزچە ھەم خەنزۇچە يېزىلغان بىرنەچچە كىتاب مەخسۇس شۇ ئۈچ تەمسىلدىكى

تەلملەرنى تېما قىلىپ يېزىلغان. مۇشۇ يەردە بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئۇلاردىكى بىرگە شۇنچە ئېنىق ئېچىلغان بىرنەچچە ئاددىي ھەقىقەتلەرگە تارتماقچىمىز، شۇنداقلا تەمسىللەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىلەرنى يۈكلەيدىغان ئارقاكۆرۈنۈشلىرىنى تونۇشتۇرماقچىمىز.

## 1-تەمسىل - يىتىپ كەتكەن قوي

مۇشۇ تەمسىلدە پادىچى 99 قويىنى تاشلاپ، يىتىپ كەتكەن بىرلا قويىنى ئىزدەشكە باردى. ئوتتۇرا شەرقتە يىتىپ كەتكەن قويلار ئىنتايىن قورقۇپ ھالسىزلىنىپ، «مەن تېپىلسام!» دېگەندەك بىچارە ھالدا ئورنىدا تىترەپ تۇرىدۇ. شۇڭا پادىچى بولسا قويى ئۇچۇن ھەممە ئىشنى قىلىش كېرەكتۇر. ئۇ ھەتتا ئۇنى (بەلكىم 30-40 كىلوگراملىق ئېغىرلىقتا بولۇشى مۇمكىن) ئۆز مۈرىسىگە يۈدۈپ ئۆيىگە ئاپىرىدۇ! قوي ئۆز قېرىنداشلىرىدىنمۇ ئەۋزەل مۇئامىلىگە مۇيەسسەر بولىدۇ — چۈنكى ئۇ قوتانغا ئەمەس، بەلكى پادىچىنىڭ ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىلىدۇ، ئاندىن پادىچى ۋە قوشنىلىرى بۇنى قىزغىن تەبرىكلىشىدۇ. رەببىمىزنىڭ بۇ توغرۇلۇق بايانى مۇنداق: —

«مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، شۇنىڭغا ئوخشاش، توۋا قىلىشقا ھاجىتى بولمايدىغان توقسان توققۇز ھەققانىي كىشىدىن بولغان خۇرسەنلىكتىن كۆپ ئارتۇقتۇر». بىر ئەمدى: — «كىمنىڭ توۋا قىلىشقا ھاجىتى بولمايدۇ؟!» — دەپ سورايمىز.

بۇ تەمسىل رەببىمىزنىڭ ھەممىمىزگە بولغان ئايرىم-ئايرىم غەمخورلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەتتا پۈتكۈل جاھاندا نىجات كېرەك بولغان بىرلا گۇناھكار بار بولسىمۇ، ئۇ: «مەن يەنىلا سېنى قۇتقۇزغىلى كېلەتتىم» دەيدۇ. بۇ ھەقىقەتنى كۆرسىتىدىغان بىر مىسالنى كۆرۈش ئۈچۈن «لۇقا» 8:19-39نى قايتىدىن ئوقۇڭ. شۇ ئايەتلەردە بىز رەببىمىز توپ-توپ خالايىقتىن ئايرىلىپ، نۇرغۇن جىن چاپلاشقان يالغۇز بىر بىچارىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن خەتەرلىك دېڭىزدىن ئۆتىدۇ، دەپ ئوقۇيمىز.

روسۇل پاۋلۇس بۇ ھەقىقەتنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ: «خۇدانىڭ ئوغلى ... مېنى سۆيگەن ۋە مەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان...» دېيىشكە ئامراق ئىدى («گالاتىيالىقلارغا» 20:2).

قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن يىتىپ كەتكەن قوي نېمە قىلىشى كېرەك؟ ـــ پەقەت «مەن يىتىپ كەتتىم!» دەپ مەرىشى ئاندىن پادىچىنىڭ كۆيۈمچانلىق بىلەن قۇچاقلاپ قۇتقۇزۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكتۇر، خالاس. ئەمدى بىر گۇناھكار قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەك؟ ـــ ئوقۇرمەن ئۆزى بۇ تەمسىلدىن جاۋاب تېپىۋالسۇن!

يەنە بىر مۇھىم سۆز بار. بۇ تەمسىلنى ئاڭلىغان بارلىق يەھۇدىي خەلقى شۇ ھامان تەۋراتتىكى ئۈچ يەرنى ئېسىگە كەلتۈرەلەيدۇ. بۇ ئۈچ يەردە خۇدا ئۆزى پادا باققۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ ـــ «زەبۇر» 23-كۈي، «يەرەمىيا» 23-باب ۋە «ئەزاكىيال» 34-باب. ئاخىرقى ئىككى يەردە خۇدا ئىسرائىلنىڭ «پادا باققۇچى»لىرى، يەنى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى، كاھىنلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە: «سىلەر مېنىڭ پادام بولغان ئىسرائىلدىن خەۋەر ئالمىدىڭلار» دەپ تەنبىھ بېرىپ، ئۆزىنىڭ كېلىپ ئۆز پادىسىدىن خەۋەر ئېلىپ باقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇشبۇ تەمسىلدە ئەيسانىڭ پەرىسىيلەر ۋە باشقا مۆتىۋەرلەرگە: «سىلەرنىڭ تەۋراتتىكى مول بىلىملەردىن خەۋىرىڭلار تۇرۇپ، خۇدانىڭ پادىسىدىن ھېچ خەۋەر ئالمىدىڭلار» دەپ تەنبىھ بېرىۋاتقانلىقىغا، شۇنداقلا: «شۇ سەۋەبتىن ھەقىقىي پادا باققۇچى بولغان مەن دەل مۇشۇ ئىشنى قىلغىلى كەلدىم» دەپ ئۇقتۇرغانلىقىغا قىل سىغمايدۇ (يەنە «يۇھاننا» 10-بابنى كۆرۈڭ).

## 2-تەمسىل - يىتىپ كەتكەن تەڭگە

«يىتىپ كەتكەن تەڭگە» دېگەن تەمسىلدە خۇدانىڭ نىجاتلىق ئىلتىپاتى كۈچلۈك سۈرەتلىنىدۇ. تەمسىلدە ئايال كىشىنىڭ ھەرىكىتى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. بىرىنچى تەمسىلدىكى پادا باققۇچىنىڭ بىپايان چۆل-باياۋاننى كېزىپ قوينى تېپىپ، ئاندىن ئۇنى يۈدۈپ ئۆيىگە ئەكەلگىنىدەك، ئايال كىشى يىتتۈرۈپ قويغىنىنى تېپىشقا «بەدەل تۆلەيدۇ». ئۇ تەڭگىسىنى تېپىپ بولغۇچە ئۇنى «زەن قويۇپ» ئىزدەيدۇ. بۇ سۆز مەسىھنىڭ باشقا ۋاقىتتىكى «ئاتا بولسا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىدىغان شۇنداق كىشىلەرنى ئىزدىمەكتە» دېگىنىنى ئېسىمىزگە كەلتۈرىدۇ («يۇھ.» 4:23-24).

«تەمسىلدە تەڭگە ئۆزىنى تاپقۇزۇش ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سورايمىز. توغرا جاۋاب شۇكى، «ھېچنېمە!». ئۇ پۈتۈنلەي پاسسىپ ئورۇندىدۇر. ئىزدىگۈچى ھەممە ئىشلارنى قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ بىزگە شۇنى تەكىتلەيدۇكى، بىزنىڭ نىجاتنى

تېپپشمىز بولسا خۇدانىڭ تەشەببۇسكارلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېھرى-شەپقىتى بىلەنلا بولىدىغان ئىشتۇر. ئىش كۆرگۈچى ئۇ ئۆزىدۇر ۋە نىجاتتىن بولغان شان-شەرەپ پەقەت ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر! يەنە بىر قېتىم تەمسىلدىكى ساۋاق قايتىلىنىدۇ: ــ «مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، شۇنىڭغا ئوخشاش توۋا قىلغۇاتقان بىر گۇناھكار ئۈچۈن خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ئارىسىدا خۇرسەنلىك بولىدۇ».

## 3-تەمسىل - يوقاپ كەتكەن ئوغۇل

(تېمىنى «يوقاپ كەتكەن ئوغۇل» دېگەندىن كۆرە، «مېھرىبان ئاتا» دېگەن ياخشىراق!)

مۇشۇ تەمسىلدە مېھرىبان ئاتا يوقاپ كەتكەن ئوغلىنى ئىزدىگىلى چىقمايدۇ. ئوغۇل بولسا ئۆزلۈكىدىن ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىش قارارىغا كېلىشى كېرەك بولىدۇ.

بىز تەمسىلدىكى «ئارقا كۆرۈنۈش»تىن تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارنى بايقايمىز: ــ

(ئا) كەنجى بالىنىڭ «ئەي ئاتا، مال-مۈلۈكتىن تېگىشلىك ئۈلۈشۈمنى ماڭا بەرگىن» دېگەن تەلىپى ئاتىسىغا ئىنتايىن دەھشەتلىك بىر ھاقارەت بولدى. ئۇنىڭ تەلىپى: «ئاتا، بۇ دۇنيادىن تېزرەك كەتكەن بولساڭ كاشكى! سەن تېخى ئۆلۈپ كەتمىگەن بولساڭمۇ، بەربىر مىراستىن ئۆزۈمگە تېگىشلىك قىسمىنى ھازىر ئالاي دەيمەن» دېگەندەك ئىدى. بارلىق جامائەت بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندا چۆچۈيدۇ ۋە غەزەپلىنىدۇ. ئۇلار چوقۇم كەنجى بالا بىلەن ھەممە باردى-كەلدىنى ئۈزىدۇ. دەرھەقىقەت، ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن ئاتا بولغانلار مۇشۇنداق بىر تەلەپنى ئاڭلىغان ھامان ئوغلىنى قاتتىق كاچاتلاپ، دەرھال ئۆيدىن ھەيدىۋەتكەن بولاتتى. بەزى يەرلەردە ھەتتا قائىدە-يوسۇنلار بويىچە ئۇنى ئۆلگۈدەك ئۇرغان بولاتتى. ئەمما بۇ ئاتا بولسا ھېچقانداق تەنبىھ بەرمەيدۇ ياكى قارشىلىق كۆرسەتمەي، بالىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدۇ. يەر يۈزىدە شۇنداق قىلىدىغان ئاتا بارمۇ؟ لېكىن بۇ تەمسىلدىكى ئاتا بولسا بىزگە: (1) خۇدانىڭ بىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ھاقارەتلىرىمىزنى ۋە بىزگە تەقسىم قىلغانلىرىنىڭ بېشىغا سۇ قۇيغىنىمىزغا بولغان زور سەۋر-تاقىتىنىڭ بولغىنىنى؛ (2)، ئۇنىڭ بىزنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزلۈكىمىزدىن

قىلمىشىمىزدىن بىزار بولۇپ، ئەلا بىر يولنى ئىزدىشىمىزنى ئۈمىد بىلەن كۈتىدىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ. كەنجى بالا ئۆيدىن چىققاندا ئاتا ھېچقانداق نەسىھەت قىلمايدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ھېچ ئىشنى ئۆتۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۆرسەتكەن ياخشىلىقى ئوغلىنى ئۆز مۇھەببىتىگە ۋە ئۆز يېنىدا قېلىشقا قايىل قىلالمىغان تۇرسا، ئۇ يەنە نېمە دېيسۇن؟

(ئە) تەمسىلدە مۇنداق دېيىلىدۇ «ۋە ئۇ ئۆز مال-مۈلۈكلىرىنى (گرېك تىلىدا «ئۆز ھاياتىنى») ئىككىسىگە تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ». بۇ ئىبارە گۇناھنىڭ تېگى نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىزگە چوڭقۇر بىر ئۇقۇم يەتكۈزىدۇ. گۇناھ بولسا خۇدانىڭ پۈتكۈل ئالەمگە قويغان نورغۇنلىغان تەقسىم-ئىلتىپاتلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ قەبىھ نىيەتلىرىمىزگە ئىشلىتىمىز ۋە ئۇلارنى ئىسراپ قىلىشىمىز بولۇپلا قالماي، يەنە خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان ھاياتنىڭ ئۆزىنى دەپسەندە قىلىشىمىزدىن ۋە ئىسراپ قىلىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

(ب) بايقايمىزكى، تۇنجى ئوغۇلمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسقا ئېرىشكەنىدى. لېكىن كېيىن بۇ ئىش كۆزىگە ھېچ كۆرۈنمەيدۇ ياكى ئۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ (29-ئايەت).

(پ) كەنجى ئوغۇل ھەممىنى سېتىۋېتىپ، پۇلنى يىغىشتۇرۇپ تېزدىنلا كېتىدۇ (13-ئايەت). جامائەتنىڭ ئۇنىڭغا قاراتقان پىكرى خېلى قاتتىق بولغاچقا، ئۇ كەتمەي قالمايتتى، ئەلۋەتتە.

(ت) ئۇ يىراق بىر يۇرتقا بېرىپ بارلىقىدىن مەھرۇم بولىدۇ. بۇ ئىش ئۆز يۇرتىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ئۇيات ھېسابلىناتتى ـــ ئۆز مىراسىنى سېتىۋېتىپلا قالماي، بەلكى پۇل (ئىسرائىلنىڭ بايلىقى)نى بۇتپەرەس يات ئەللەرنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ ئېغىر بىر گۇناھ ھېسابلىناتتى. شۇ چاغدا يەھۇدىيلار ئارىسىدا مۇشۇنداق گۇناھقا قارىتا «كەزىزاھ» دېگەن بىر جازا مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ مۇراسىمدا مىراسىنى شۇ يولدا ئىسراپ قىلىپ تۈگەتكەن كىشى يۇرتىغا قايتقاندا «بىزنىڭ ئەمەس» دەپ جاكارلىناتتى ۋە بەلكىم قاتتىق ئۇرۇلاتتى.

(چ) ئۇ چوشقىلارنىڭ ئارىسىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپلا قالماي (بۇ بىر يەھۇدىي يىگىتكە نىسبەتەن ئىنتايىن يىرگىنچلىك ئىش بولاتتى، ئەلۋەتتە)، ئۇنىڭ ھەتتا چوشقىلارنىڭ يېمىنى يېيىشىمۇ مەنئى قىلىنىدۇ. گەرچە ئۇ شۇ يەردە شۇنچە كۆپ پۇل خەجلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرمۇ دوستى بولماسلىقى بىزگە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

(ج) تەمسىلدە، ئۇ يىراق يۇرتتا تۇرغان ۋاقتىدا «تووۋا قىلدى» دېيىلمىگەن، بەلكى

«ئاخىر ببرىپ ئۇ ھوشىنى تېپىپ» ۋە قورسقىنىڭ ئاچلىقى توغرۇلۇق ئويلىدى، دېيىلىدۇ (17-ئايەت). ئەمسلىدە يەنە، ئۇ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدە بولغان مەدىكارلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھالىنى ئەسلەپ: «قايتىپ بارسام (ئاتام ماڭا رەھىم قىلىپ) مەلۇم بىر ھۈنەرۋەنگە شاگىرت قىلارمىكىن؛ ئەگەر مېنىڭ ھۈنىرىم بولسا، قالغان كۈنلىرىمدە تىرىشىپ-تىرمىشىپ، ئاتامغا مەن ئىسراپ قىلغان مىراسنى قايتۇرغۇدەك پۇل تاپسام — ئاندىن يۇرت ئالدىدا بۇ ئۇياتلىقتىن قۇتۇلىمەن... » دەپ ئويلىغاندەك پۈرىتىلىدۇ. كۆڭلىدە ئاتىسىغا ئېيتىدىغان بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى تەييارلاپ رىپىتىتسىيە قىلىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، بۇ سۆزلەر پىرەۋننىڭ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ رەھىم قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ دېگەن سەمىمىيەتسىز سۆزلىرىگە بەك ئوخشايدۇ: «پىرەۋن جىددىي قىياپەتتە مۇسا ۋە ھارۇننى چاقىرتىپ ئۇلارغا: مەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئالدىدا ۋە سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گۇناھ سادىر قىلدىم...» دېگەن («مىس.» 16:10). لېكىن ئۇ ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىشتىن ئاۋۋال «كەزىزاھ» دېگەن مۇراسىمغا يۈزلىنىشى كېرەك بولىدۇ!

(خ) بىراق ئاتىسى ئۇنى يىراقتىن كۆرىدۇ. ئېنىقكى، ئاتىسى ئۇنى ئۆزۈندىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەننىدى. «يېزىدىكىلەر ئوغلۇمنى كۆرگەندە ئۇنى دەرھال «كەزىزاھ» مۇراسىمىدىن ئۆتكۈزىدۇ» دەپ بىلگەن ئاتىسى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن بېلىنى باغلاپ ئوغلىنى قارشى ئېلىشقا يۈگۈرۈپ چىقىدۇ. ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر يازغۇچى مۇنداق يازغان: «ئوتتۇرا شەرقتىكى مۆتىۋەر كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا قەتئىي يۈگۈرمەيدۇ... ئۇنداق قىلسا ئۆزلىرىگە بەك ئۇيات بولىدۇ. لېكىن ئەمسلىدە بۇ ئاتا يۈگۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ بىلىدۇكى، ئۇنداق قىلغاندا بارلىق ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى جۇل-جۇل كىيىنگەن ئوغلىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە قارىتىلىدۇ... كىشىلەر پۇتلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ يۈگۈرىدىغان، ئۆزىنى ئۇياتقا قالدۇرغان ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر زېمىندارغا كۆز تىكىپ قارايدۇ. ئاتا بىلەن ئوغۇل يارىشىۋالغۇچە ئۇلار ھېلىقى ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتقان يالاڭتۆش بىچارە يىگىتكە ھېچ دىققەت قىلمايدۇ...».

ئاتا جۇدەپ كەتكەن، شۈبھىسىزكى تېخى چوشقا قوتىنىنىڭ سېسىقى تېنىدىن كەتمىگەن كەنجى ئوغلىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىدۇ. ئاتىسىنىڭ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈشى ئوغلىنىڭ «تەييار نۇتۇق»ىنى ئاڭلىشىدىن بۇرۇن

بولىدۇ. ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببەتنى ئەنە شۇنداق بەدەل بىلەن نامايان قىلىشى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ «گۇناھ سادىر قىلدىم» دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا بولغان ئىنكاسى ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئاتىنىڭ «شاپائەت سۇنۇش»ى ئوغلىنىڭ سۆزلىشىگە تۇرتكە بولىدۇ.

(د) ئوغۇل بولسا ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئۇياتنى ئۆز-ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئالغانلىقىنى كۆردى. ئوغۇل چوڭقۇر ھاياجانلىنىپ، ئاغزىدىن پەقەت تەييارلىغان سۆزلىرىنىڭ بىرىنچى يېرىمىلا چىقىدۇ. بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئەرزىمەسلىكىنى، توۋا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ چاغدا «ھۈنەر ئۆگىنەي» دېمەيدۇ ــ قاتتىق توۋا قىلىپ، ئۆزىنى ئۇياتتىن قۇتقۇزۇشقا تەييارلىغان پىلانىنى چۆرۈۋېتىپ، ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى «تېپىشى»نى قوبۇل قىلىدۇ (32-ئايەتنى كۆرۈڭ). ئۇنىڭ توۋا قىلىشى دەل شۇكى، ــ ھەرقانداق باھانە كۆرسەتمەي، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغان ئويىدىن ۋاز كېچىپ، ئاتىسىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت، خالاس. باشقا تەمسىللەرگە ئوخشاش، بەدەل تۆلىگۈچى تېپىلغۇچى ئەمەس، بەلكى تاپقۇچى، يەنى مېھرىبان ئاتىدۇر.

(ر) تۇنجى ئوغۇل شۇنچە خاپا بولىدۇكى، ئەل-يۇرت ئالدىدا ئاتىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈچۈق ئۈزىدۇ. ئاتىسىنىڭ زىياپىتىگە قاتناشماسلىقى ئاتىسى ئۈچۈن ئېيتقۇسىز بىر ئوچۇق ئاھانەت ئىدى. نېمىدېگەن ھاقارەتلىك ئىش-ھە!

(ز) ئاتا يەنە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئاتا خەلق «شەرقتىكى ئاتىلار»دىن كۈتىدىغان قائىدە-يوسۇنلارنى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىم بۇزىدۇ. شۇ كۈنىدە ئىككىنچى قېتىم ئۇ ھېچكىم ئويلىمىغان بىرخىل مېھىر-مۇھەببەتنى بەدەل بىلەن نامايان قىلىشقا رازى ئىدى. لېكىن مۇشۇ يەردە بۇ مېھىر-مۇھەببەت «خۇدانىڭ قانۇنىنى بۇزغۇچى» بىرسىگە ئەمەس، بەلكى «خۇدانىڭ قانۇنىنى ساقلىغۇچى» بىرسىگە سۇنۇلىدۇ. شۇ دەۋردىكى قائىدە-يوسۇن بويىچە، ئاتا شۇ قاتتىق ھاقارەتكە پەسەنت قىلماي زىياپەتنى تۇنجى ئوغلىسىز داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ! ئەكسىچە، ئۇ يەنە ئازاب بىلەن خەلق-ئامما ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن قىلىپ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى تېخى ھەقىقەتەن چۈشەنمەيدىغان تۇنجى ئوغلىنى «تېپىش» ئۈچۈن چىقىدۇ. ئۇ تۇنجى ئوغۇلنىڭ قاتتىق سۆزلىرىگە خاپا بولماي، ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى تەبرىكلەش خۇشاللىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

بۇ ئاددىي بىر ئاتا ئەمەس ــ تەمسىلدىكى ئاتا خۇدانىڭ بىر سىمۋولىدۇر.

رەببىمىزنىڭ بۇ ئۈچ تەمسىلى پەرىسىيلەرنىڭ تەنقىد-شىكايەتلىرىگە مۇنداق بىر جاۋاب بولىدۇ: «سىلەر مېنى تەنقىد قىلىپ: «سەن گۇناھكارلار بىلەن ئولتۇرۇپ ھەمداستىخان بولىسەن!» دەپ شىكايەت قىلىسىلەر. توغرا ئېيتىسىلەر! مەن دەل شۇ ئىشنى قىلىمەن ــ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ داۋاندىن چۈشۈپ يۈگۈرىمەن، ئۇلارنى سۆيۈپ-سۆيۈپ قارشى ئالىمەن، ئاندىن ئۆيگە ھەمداستىخان بولۇشقا تارتىمەن. شۇڭا، ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئويلىغىنىڭلاردىن زىيادە بەتتەردۇر! بۇنى چۈشەندۈرۈپ سىلەرگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي...».

رەببىمىزنىڭ بۇ تەلىمىدە: ــ

(ئا) نىجاتنىڭ يەر يۈزىدە بارلىققا كەلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ نىجاتنى قوبۇل قىلىدىغان تۈۋسىنىمۇ ئىمكانىيەتلىك قىلىش ئۈچۈن خۇدانىڭ ئۆزى پادا باققۇچى سۈپىتىدە ئىنسانلار ئارىسىغا چۈشۈپ «يىتىپ كەتكەن ئىنسانلار»نى ئىزدىشى مۇقەررەر.

(ئە) نىجاتتا بەدەل تۆلىگۈچى ئىزدىگۈچىدۇر.

(ب) يىتىپ كەتكەن قوي، تەڭگە ۋە يوقاپ كەتكەن ئوغۇلدىكى «تۇۋا» بولسا ھەرگىز «ئىگەم مېنى قوبۇل قىلسۇن» دېگەن بىر پائالىيەت ئەمەس، بەلكى «ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى تېپىشى»نى قوبۇل قىلىشتۇر.

(پ) تۇۋا ۋە ئېتىقاد قاچان پەيدا بولسا ئەرشتە تەنتەنىلىك شاد-خۇراملىق بولىدۇ ۋە بۇنىڭ تۈپەيلىدىن يەر يۈزىدىمۇ خۇدانىڭ خەلقىنىڭ تەبرىكلىشىگە توغرا كېلىدۇ (پەرىسىيلەر «نېمىشقا گۇناھكارلار بىلەن (تەبرىكلىگەن ھالدا) ھەمداستىخان بولىسەن؟» دەپ سوئال قويغانىدى).

«يوقاپ كەتكەن ئوغۇل» («كۆيۈمچان ئاتا» دەپ ئاتاش تېخىمۇ مۇۋاپىقراق) دەپ ئاتالغان بۇ تەمسىل دەۋردىن-دەۋرگە «ئىنجىلنىڭ ئىچىدىكى ئىنجىل» (خۇش خەۋەر ئىچىدىكى خۇش خەۋەر) دەپ قەدىرلىنىپ كەلمەكتە.

بىز ھازىر كۆپ ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن «ئەيسانىڭ تەلىمىدىكى ئەڭ تەس تەمسىل» دېيىلگەن، «لۇقا» 16-بابتا ئېيتىلغان تەمسىلگە كېلىمىز. ئەمما كۆزقارىشىمىزچە تەمسىللەرگە تەبىر بېرىشتىكى ئاددىي پرىنسىپلارنى چىڭ تۇتساق، بۇ تەمسىلنى چۈشىنىش ھېچ تەس ئەمەس، بەلكى بارلىق تەمسىللەر ئىچىدە، بۇ تەمسىلنى ئىنسانلارنىڭ ئىمان-ئېتىقادىغا ئەڭ كۈچلۈك تەلەپ قويىدىغان تەمسىلدىن ئىبارەت، دەپ قارايمىز.

## «لۇقا» 13-1:16 «ئالدامچى غوجدار»

ئوقۇرمەنلەر قايتىدىن تەمسىلنى ئوقۇسۇن، ئاندىن تۆۋەندىكى شەرھىمىز توغرىمۇ، توغرا ئەمەس ئۆزى ھۆكۈم چىقارسۇن.

بىز ئەينى تېكستكە قوشقان ئىزاھاتلىرىمىزدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىنسانىي تەبىئەت شۇنچە ئۆتكۈر ئەكس ئېتىدىغان بۇ تەمسىل بويىچە غوجدار خوجايىنىنىڭ ھېسابات دەپتىرىنى ئۆزگەرتكىنىدە ھەقىقەتەن ئالدامچىلىق بار ئىدى. بەزى ئالىملار بۇ غوجدار قەرزدارلارنىڭ قەرزلىرىدىن ئۆز «ئىش ھەققى» بىلەن قەرزلەرنىڭ ئۆسۈمىنى كېمەيتكەن، شۇڭا ئۇ ئالدامچىلىق قىلمىدى، دەپ قارايدۇ. لېكىن غوجدارنىڭ «ئىش ھەققى» بىلەن قەرزلەرنىڭ ئۆسۈمىنى قوشقاندىمۇ، ھەرگىز ئۇ كېمەيتتۈاتقان قەرزلەرنىڭ قىممىتىگە توغرا كەلمەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭ خوجايىنى زادى نېمىشقا ئۇنى تەرىپلىدى؟ (8-ئايەت) نېمىلا دېگەن بىلەن خوجايىن كەلگۈسىدە ئۇنى قايتىدىن ئىشلەتمەيدىغان تۇرسا؟! بۇ ئىشتىن بىزگە نېمە ساۋاق بولىدۇ؟

تەمسىلنى «روھىي پرىنسىپلار» بىلەن ئەمەس، بەلكى «سودا پرىنسىپلىرى» بويىچە ئاددىي تەھلىل قىلايلى. خوجايىن بۇ ھۆرۈن غوجدارنى تەرەپلىدى. چۈنكى ئۇ ئەڭ ئاخىردا كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ھەرىكەتكە كېلىپ ئازراق ئالدىن كۆرەرلىكنى كۆرسەتكەنىدى! خوجايىن ئۆزى بۇ سودىدا پايدىغا ئېرىشمەيدىغان قالمىغان. قەرز ياكى ئۆتنە بېرىدىغانلار ئارىسىدا بەزىدە، ئامالسىز ئەھۋاللاردا «قەرزنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتۇرۇۋالدىم، قالغىنىنى بولدى قىلاي!» دېيىش بىرقەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش بولىدۇ. خوجايىن ئۇنى ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ «سىرتتا دوست تېپىش ئۈچۈن» بولغان ئالدىن كۆرەرلىكىگە قاراپ، ماختايدۇ.

ئەمدى بىز ھازىر تەمسىلنىڭ چوڭقۇر يېشىمىگە كېلىمىز: —

«چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز دەۋرىدە نۇرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن پەملىكتۇر». دېمەك، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياكى بۇ دۇنيادىكى پايدىنى كۆزلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ (ئۆزىنىڭ چەكلىك دائىرىسى ئىچىدە، ئەلۋەتتە) كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ئالدىدىكى ئىشلارنى ئويلىشى «نۇرنىڭ پەرزەنتلىرى» (خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى)نىڭ «ئالدىن كۆرۈش»ىدىن كۈچلۈكتۇر. كۆزلىرىنى مەڭگۈلۈك كەلگۈسىگە تىكىش كېرەك بولغان خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى كۆپ ۋاقىتلاردا ئەكسىچە

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھازىرقى راھەت-پاراغەتنى كۆزلەپ يۈرىدۇ. باقىي دۇنيادا بىزنى كۈتۈۋاتقان بايلىقلار بولسۇن ئۇچۇن ئۆزلىرىنى قوزغىمايدۇ، پانىي دۇنيادىكى بار-يوقىنى قانداق ئىشلىتىشىم كېرەك دەپ ئويلىمايدۇ. رەببىمىز قانداق قىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ:

«ۋە مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، «ناھەق دۇنياغا تەۋە مال-دۇنيا» ئارقىلىق ئۆزۈڭلارغا دوست تۇتۇڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار، مال-دۇنيا كارغا كەلمەيدىغان بولغان كۈندە شۇ دوستلار سىلەرنى ئەبەدىي ماكانلارغا قارشى ئالىدۇ».

دېمەك، خۇدا بىزگە پۇل، بايلىق ۋە كۈنلەرگە قانداق مۇيەسسەر قىلغان بولسا، بىز شۇلارنى توغرا ئىشلەتسەك، باشقىلارنىڭ (مەيلى روھىي ياكى جىسمانىي ھاجەتتە بولسۇن) خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى چۈشىنىپ، مەسىھگە باغلانغان ئېتىقاد ئارقىلىق «ئەبەدىي ماكانلار»غا، يەنى جەننەتكە بارىدىغان يول تېپىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان بولىمىز. بۇ دۇنيادىن كەتكىنىمىزدە ئۇلارنىڭ روھلىرى بىزنى شۇ «ئەبەدىي ماكانلار»غا قارشى ئالغىلى كۈتىدىغان بولىدۇ.

رەببىمىز نېمىشقا پۇلغا «ناھەق دۇنياغا تەۋە مال-دۇنيا» (گرېك تىلىدا «ناھەق مامون» ياكى «ناھەق پۇل») دېگەن غەلىتە ئىسىمنى قويىدۇ؟ بىرىنچىدىن، پۇلنىڭ مەۋجۇت بولغىنىنىڭ ئۆزى گۇناھنىڭ بىر نەتىجىسىدۇر. ئەگەر («ئەگەر» نېمىدېگەن ئۇلۇغ سۆز-ھە!) ئادەمئاتىمىز گۇناھ سادىر قىلمىغان بولسا، ھازىر پۇل بولامتى-يوق؟ ھەممە ئىشتا مېھىر-مۇھەببەت، «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ھاجىتىگە قاراپ تەقسىم قىلىش» دېگەندەك بولسا پۇل كېرەكسىز بولاتتى. بىرىنچى ئەسىردىكى جامائەت بۇنىڭغا بىر مىسال ئىدى: «ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى سېتىپ، پۇلنى ھەممىسىگە، ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىشتى» («روس.» 45:2). پۇتكۇل جاھان شۇنداق بولغاندا بىرسىنىڭ مەلۇم ھاجىتى چىقسا، پەقەت ياردەم سوراش كېرەك بولاتتى، خالاس. ھەرقەيەردە بىر-بىرىگە ئىشەنچ بولاتتى.

بۇنداق دېگىنىمىز پۇلغا ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزى گۇناھ دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت پۇل گۇناھنىڭ بىر نەتىجىسى دېگەنلىكتۇر. پۇلنىڭ ھەقىقىي قىممىتى باردۇر، ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق توغرا ئەمەس — بىراق ھەردائىم ئۇنى ئىشلەتكىنىمىزدە ئادەمنى رەزىللىككە مايىل قىلىش خەتىرىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. دەل شۇ سەۋەبتىن رەببىمىز ئۇنى «ناھەق دۇنياغا تەۋە بولغان مال-دۇنيا» دەپ ئاتايدۇ، دەپ قارايمىز. روسۇل پاۋلۇسمۇ بىزگە

ئاگاھ بېرىپ: «پۇلپەرەسلىك ھەرخىل رەزىللىكلەرنىڭ يىلتىزىدۇر» دەيدۇ («1تىم» 10:6).

ئاخىردا رەببىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن مۇنۇ ۋەدىسىنى كۆرىمىز: — «كىمكى كىچىككىنە ئىشتا سادىق بولسا، چوڭ ئىشتىمۇ سادىق بولىدۇ؛ ۋە كىمكى كىچىككىنە ئىشتا سەممىيەتسىز بولسا، چوڭ ئىشتىمۇ سەممىيەتسىز بولىدۇ» — دېمەك، مەڭگۈلۈك رىئاللىق ئالدىدا پۇل ۋە بايلىقلار «كىچىككىنە بىر ئىش»تۇر.

«شۇڭا ئەگەر «ناھەق دۇنياغا تەۋە بولغان مال-دۇنيا»دا سادىق بولمىساڭلار، كىم سىلەرگە ھەقىقىي بايلىقلارنى تاپشۇرسۇن؟» — مۇشۇ ئايەت شۇنى بىزگە كۆچلۈك ئەسلىتىدۇكى، بىردىنبىر ھەقىقىي، مەڭگۈ، يوقاپ كەتمەيدىغان بايلىق بولسا، خۇدا ئالدىدا جەننەتتە تۇرىدۇ.

(12:16) «ۋە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىدە سادىق بولمىساڭلار كىم سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ نەرسىسىنى بەرسۇن؟»

بۇ يەردە، بىزنىڭ بۇ دۇنيادا نېمىلا تەئەللۇقاتىمىز بولسا — مەيلى پۇل، بايلىق، تالانت، قابىلىيەت، ئائىلە، ۋاقىت ۋە ھەتتا ھايات بولسۇن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىزنىڭكى ئەمەس، دەپ ئەسلىتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى غوجىدارىغا ئامانەت قىلىنىش سۈپىتىدە ھەممىگە قادىر تەرىپىدىن بىزنى ئۇلارنى سادىقلىق ۋە دۇرۇسلۇق بىلەن ئىشلىتەمدۇ-يوق دەپ، بىزگە تاپشۇرۇلغان. لېكىن بۇ خەۋەردىن كېيىن بىز تەئەججۈپلىنەرلىك شۇ باياننى كۆرىمىزكى، پەرۋەردىگار ئەرشتە ھەربىر ئېتىقادى ئىگىسىگە «ئۆزۈڭلارنىڭ نەرسىسى» ئاتا قىلىدۇ. شۇ چاغدا ھېچكىم بۇنى تارتىۋالمايدۇ، ھەتتا خۇدا ئۆزى بىزدىن ھېچ قايتۇرۇۋالمايدۇ — پەقەت بىز ئۆزىمىز ئىختىيارەن ئۇنى بەرمەكچى بولساق، ئاندىن بېرىمىز.

ئەمدى شۇ دۇنيادىكى «ئۆزىمىزنىڭ نەرسىمىز»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بىز ئاجىز كۆزىمىزگە پەقەت گىرىمسەن كۆرۈنىدىغان بىر ئالەمنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، خالاس. ئەمما بۇ ئىشنىڭ مۇتلەق رىئاللىقلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز.

## (31-19:16) لازارۇس ۋە باي ئادەم

مەسىھنىڭ بۇ بايانى ھېچيەردە «تەمسىل» دەپ تەسۋىرلەنمىدى؛ ئۇ ئۆزى ئۇنى «تەمسىل» دېمەيدۇ. تەۋرات-ئىنجىلدىكى ھېچقانداق تەمسىلدە (مۇشۇ باياندىدەك) ئادەمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. شۇڭا بۇ باياندىكى بارلىق تەپسىلاتلار ئاددىي پاكىت دەپ قارىلىشى كېرەك.

تەۋرات بويىچە ئىنسانلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن بارلىق روھلىرى دەرھال «شېئول» (تەھتىسارا)غا بارىدۇ. ھالبۇكى، رەببىمىزنىڭ بۇ تەلىمى بويىچە، تەھتىسارانىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى كۆرۈنىدۇ. بىرىنچى بۆلەكتە ئېتىقادسىزلىقتا ئۆلگەنلەر ئالدىقاچان قىلمىشلىرىغا ئاساسەن مەلۇم دەرىجىدە جازالىنىدۇ. لېكىن ئىككىنچى بىر بۆلىكى بار، يەنى «ئىبراھىمنىڭ قۇچىقى»دۇر. «ئىبراھىمنىڭ قۇچىقى» دائىم ئېتىقادقا تولغان ۋە ھازىرمۇ دەرۋەقە شۇنداق؛ شۇڭا «ئۇنىڭ قۇچىقى» بولسا ئىبراھىمدا بولغان ئېتىقادقا ئورتاق ئىگە بولغانلار شۈبھىسىزكى ئارام ئالىدىغان جايدۇر.

ئىشىنىمىزكى، رەببىمىزنىڭ ئۆلۈمىگىچە بارلىق ئېتىقادچىلار «ئىبراھىمنىڭ قۇچىقى»دا ئارام ئېلىپ كەلگەندى. رەببىمىز ئۆلۈپلا روھتا بېرىپ خۇدانىڭ «ئىبراھىمنىڭ قۇچىقى»دا ئارام ئالغان مۆمىن بەندىلىرىگە ئۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئېرىشكەن تولۇق نىجاتنى جار قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھلىرىنى ئۆزى بىلەن خەننەتكە ئېلىپ باردى. رەببىمىزنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ كرېستلەنگەن قاراقچىغا ئېيتقان سۆزلىرىگە تۆۋەندىكى شەرھلىرىمىزنى كۆرۈڭ:

(43:23) «ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ بەرھەق، مەن ساڭا ئېيتايكى، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن!»

«1پېت.» 18:3-22، شۇ ئايەتلەردىكى ئىزاھاتلار ھەم «1پېت.»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

(21-20:17) «بىر كۈنى پەرىسىيلەر ئۇنىڭدىن: «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى قاچان كېلىدۇ؟»، دەپ سورىغاندا ئۇ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ــ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كېلىشىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماس؛ كىشىلەر: «قاراڭلار، ئۇ مانا بۇ يەردە!»

ياكى «ئۇ يەردە!» دېيەلمەيدۇ. چۈنكى مانا، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئاراڭلاردىدۇر».

رەببىمىزنىڭ «تاغدىكى تەلىم»ى («ماتتا» 5-7-باب) ۋە «پادىشاھلىقنىڭ تەمسىللىرى» («ماتتا» 13-باب)دىن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى ھەممىدىن ئاۋۋال «ئىچكى پادىشاھلىق» ئىكەن، دەپ بىلىمىز. دېمەك، خۇدا ھەقىقەتەن بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ھۆكۈم سۈرگەن پادىشاھ بولسا، ئەمدى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن بولىدۇ. مانا بۇ «پادىشاھلىق»نىڭ ھەممىدىن مۇھىم مەنىسى؛ ئۇنىڭسىز خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ باشقا ھەربىر تەرەپلىرى تولىمۇ ئەھمىيەتسىزدۇر. «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى يېمەك-ئىچمەكتىلا ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھتا بولغان ھەققانىيلىق، خاتىرجەملىك ۋە شادلىقتىدۇر» ــ دەيدۇ روسۇل پاۋلۇس («رىم.» 7:13). خۇدا كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ھاۋارايى، شامال-دېڭىزلارنى بويسۇندۇرۇپ، يەر يۈزىنى «جەننەت»تەك قىلسىمۇ، شۇنداقلا سىرتقى گۇناھلارنى تىزگىنلىسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرى تېخى رەزىللىككە تەشنا ياكى ئۇنىڭغا مايىل بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟! بۇ ھېچقانداق ئەمەلىي پادىشاھلىق بولمايدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بىز يەنىلا مەسىھ يەر يۈزىگە قايتا كەلگەندە، خۇدا يەر يۈزىدە مىڭ يىللىق «سىرتقى شەكىلدىكى» پادىشاھلىقىنى بەرپا قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز («ۋەھىي» 20-بابنى كۆرۈڭ). شۇ پادىشاھلىقنىڭ مەقسىتى خۇدانىڭ ھەتتا گۇناھ بىلەن بۇزۇلغان بۇ كونا يەر شارىنى قايتىدىن بېكىتلاشتا كۈچ-قۇدرىتىنى ۋە شان-شەرىپىنى ئايان قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەمما شۇ پادىشاھلىقنىڭ ئۆزى پەقەت «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن»غا مۇقەددىمە بولىدۇ، خالاس.

بۇنىڭ ئۈستىگە، خۇدا روھى ئارقىلىق مۆجىزە (بولۇپمۇ ئادەمنى جىنلاردىن ئازاد قىلىش ياكى ئاغرىق-سىلاقلارنى ساقايتىش) ياراتقان ۋاقىتدا، ئۇ ئۆز پادىشاھلىقىنى نامايان قىلدى، دېگىلى بولىدۇ. چۈنكى شۇنداق مۆجىزىلەر خۇدانىڭ ئاخىردا شەيتان ۋە ئۇنىڭ كۈچلىرىنى يەر يۈزىدىن قوغلىۋېتىدىغان قۇدرىتىنى بىزگە ئالدىنئالا ئايان قىلىدۇ (مەسىلەن، «مات.» 28:12، «لۇقا» 10:8-11).

مۇشۇ ئايەتلەر («لۇقا» 20:17-21) ئارقىلىق رەببىمىز پەرىسىيلەرگە خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئاللىقاچان «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا» دېگەننى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ

بۇ سۆزى، پادىشاھلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە بار، دىگەنلىك ئەمەس؛ چۈنكى پەرىسىيلەر ئەيسا ۋە ئۇنىڭ تەلىمگە پۈتۈنلەي قارشى چىققانىدى. بىراق پادىشاھلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان كۆپ ئادەملەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالماقتا ئىدى؛ لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالنى بايقىغۇدەك ھېچ روھىي كۆزلىرى يوق ئىدى.

## 34:18 «بىراق ئۇلار بۇ سۆزلەردىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۇلاردىن يوشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە ئېيتقىنىنى بىلەلمەي قالدى».

رەببىمىزنىڭ تەرجىمىھالى بولغان «تۆت بايان»نى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئېنىق، ئاددىي بايانلىرىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قانچە قېتىملاپ ئاڭلاپمۇ، ئۇنى ھېچ چۈشىنەلمىگەنلىكى بىزگە ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. رەببىمىز ئۆزى تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە ئۆلۈمى توغرۇلۇق بىرنەچچە قېتىم ئالدىن ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلار سۆزلىرىنى مۇتلەق چۈشىنەلمىگەن («لۇقا» 22:9، 34، «مات.» 21:16، 23-22:17، 19-18:20، 2:26، «مار.» 31:8، 31:9، «يۇھ.» 12-1:2). بۇ ئىش بىزگىمۇ مۇقەددەس يازمىلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۆز-ئۆزىمىزدىن «ھەقىقەتەن چۈشەندىممۇ؟» دەپ سورىغان ھالدا دىققەت بىلەن ئوقۇشىمىزغا ساۋاق بولۇشى كېرەك. چۈنكى مۇخلىسلارنىڭ مەسىھدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا نىسبەتەن ئۆزلىرى ئۈمىد قىلىدىغان گۈزەل خىياللىرى بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مەسىھنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزىنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋالىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى چۈشىنىشلىك، ئەلۋەتتە؛ مۇخلىسلار ئۇنىڭغا «غەلىبىدىن-غەلىبىگە» ئەگىشىپ كەلگەنىدى، شۇڭا ئەيسانىڭ ئىشلىرى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۇنى رەب مەسىھ دەپ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن زور شەرەپلىك تەنتەنىلىك ئىچىدە ئاخىرلاشمامدۇ؟ ئاندىن، شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچى بولۇش سۈپىتىدە ئۇنىڭغا كەلتۈرۈلگەن شان-شەرەپتىن ئورتاق مۇيەسسەر بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى بېشارەتلەردىن ئالغان چۈشەنچىسى دۇرۇس ئىدى؛ ئاخىرەتتە مەسىھ دەرۋەقە زور شان-شەرەپ ئىچىدە قايتىپ كېلىدۇ. بىراق تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرى بويىچە، مەسىھ ئارىلىقتا ھەممىمىزنى دەپ ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشى كېرەك ئىدى ۋە ئۇلار كۆڭلىدە بۇنىڭغا يۈزلىنىشكە تەييار ئەمەس ئىدى. خۇدانىڭ بېكىتكەن

تەرتىپى بولسا ــ ئاۋۋال ئازاب-ئوقۇبەت، ئاندىن شان-شەرەپتۇر (مەسىلەن، «لۇقا» 26:24، «روس.» 23:26، «رىم.» 17:8، «2تىم» 12:2نى كۆرۈڭ).

بىراق مۇشۇ ئايەتتە («لۇقا» 34:18 ۋە يەنە 34:9دە) ئۇلارنىڭ چۈشەنمەسلىكىدە باشقا بىر ئامىل پەيدا بولىدۇ. بىرەركىم ياكى بىرەر نەرسە مەسىھنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يوشۇرغانىدى. ئىزاھاتلىرىمىزدا، خۇدا بۇ ئىشقا يول قويۇشى بىلەن يوشۇرغۇچى ئامىل شەيتان دەپ ئىشىنىمىز، دېدۇق. مۇخلىسلارنىڭ مەسىھگە ئەگىشىش مەقسەت-مۇددىئالىرى يۈزدە-يۈز دۇرۇس بولمىغاچقا، ئۇلار بۇنداق ئالدامچىلىققا مايىل ئىدى. ھالبۇكى، مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ خاتا كۆتكىنىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ تىرىلىشىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپات تەمىنلەيدۇ. چۈنكى بەزىلەر: ــ «كىشىلەر مەلۇم بىر ئىش يۈز بېرىدۇ دەپ كۈچلۈك ئۈمىد بىلەن كۈتسە، ئۇلار ئاخىر بېرىپ «دەرۋەقە يۈز بەرگەن» دەپ ئۆز-ئۆزىنى ئىشەندۈرىدۇ» دەيدۇ. لېكىن مۇخلىسلارنىڭ (گەرچە رەببىمىز نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇلارغا شۇنچە روشەن ئېيتقان بولسىمۇ!) ھېچقايسىسى ئۇنىڭ تىرىلىشىنى كۈتكەن ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەنلا ئۇلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىلىپ، مەسىھدىن بارلىق ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى (21:24نى كۆرۈڭ).

## 35:22 «ئىككى قىلىچ» بىزگە نېمە خەۋەر بېرىدۇ؟

«ئاندىن، ئۇ ئۇلاردىن:

ــ سىلەرنى ھەميانسىز، خۇرجۇنسىز ۋە كەشسىز سەپەرگە ئەۋەتكىنىمدە سىلەرنىڭ بىرەر نەرسەڭلار كەم بولۇپ قالغانمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇلار: ــ ياق، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارغا: ــ لېكىن ھازىر ھەر كىمنىڭ ھەميانى بولسا، ئۇنى ئالسۇن؛ شۇنداق ھەم خۇرجۇنى بولسا، ئۇنى ئالسۇن ۋە بىر كىمنىڭ قىلىچى بولمىسا، چاپىنىنى سېتىپ بىردىن قىلىچ ئالسۇن. چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، مۇقەددەس يازمىلاردا: «ئۇ جىنايەتچىلەر قاتارىدا سانىلىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن سۆز مەندە چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

چۈنكى مېنىڭ تۇغراملىكى بارلىق ئىشلار تولۇق ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ
— دېدى.

— ئى رەب، قارىغىن، بۇ يەردە ئىككى قىلىچ بار ئىكەن، دېدى ئۇلار.
— بولدى، يېتىدۇ! — دېدى ئۇ ئۇلارغا».

رەببىمىزنىڭ بۇ بايانى، شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن تىلسىملىق دەپ ھېسابلىنىش كېرەكتۇر. بىرىنچىدىن ئېسىمىزگە كەلتۈرىمىزكى، ئۇ ئەگەشكۈچىلەرگە ھەرقانداق زوراۋانلىقنى مەنئى قىلغان ۋە دۈشمەنلەرگىمۇ مۇھەببەتنى كۆرسىتىشنى ئەمر قىلغان (مەسىلەن، «مات.» 5:38-48). ھەتتا پېترۇس ئەيسانى قوغدايمەن دەپ بۇ ئىككى قىلىچتىن بىرىنى ئىشلەتكەندە، ئەيسا بۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەنبىھ بەردى («مات.» 26:51-54، «مار.» 14:17 «يۇھ.» 18:10-11). شۇڭا رەب قىلىچلارنى ئادەمگە بىرلا ئۇرۇپ قويۇشنىمۇ تەلەپ قىلغان ئەمەس!

ئەمدى ئۇ نېمە سەۋەب ئۈچۈن قىلىچ توغرۇلۇق ئەمر قىلغاندۇ؟

بىز يۇقىرىدا مۇخلىسلارنىڭ رەببىمىزنىڭ روشەن بايانلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكى توغرۇلۇق توختالدۇق. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشى، سوراقتا تارتىلىشى، تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە ئۆلۈمى ئۇلارنى تولىمۇ چۆچۈتىدىغان ئېغىر زەربە بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزى «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن» دېگەندىن كېيىن («يۇھ.» 14:6)، ئۇ قانداقمۇ ئۆلىدۇ؟! ئۇ دۇچ كەلگەن بارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ بۇ ۋەقەلەرنىڭ مۇتلەق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەندى. ئۆزىگە بارلىق قارشى چىققان تىللارنى بولسا ئۇ پۈتۈنلەي تۇۋاقلىغانىدى. توپ-توپ ئادەملەرنىڭ زور تەنتەنىسى ئىچىدە ئۇ يېرۇسالېمغا ئېشەككە مىنىپ كىرگەن، ئاندىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا ئىگە بولۇپ شۇ يەردە ھەركۈنى تەلىم بەرگەن ۋە كىشىلەرنى ساقايتقانىدى. شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ھازىر روشەن پەيدا بولىدۇ! ئۆزىنى بەگ ئۆزىنى چوڭ تۇتقان ھېلىقى ساختىپەز ھۆكۈمدارلارنى مەسىھ تەختىدىن چۈشۈرۈپ، رىم ئىمپېرىيەسى قوشۇنلىرىنى ھەيدىۋېتىدۇ، ئاندىن خۇدانىڭ شان-شەرىپى پۈتكۈل زېمىن ئۈستىدە نامايان بولىدۇ! مانا بۇ، مۇخلىسلارنىڭ ئۈمىدلىرى ئىدى. لېكىن دىنىي رەھبەرلەر ھازىر ئۇنى تۇتقۇزغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن نېمە قىلدى؟ — ھېچنېمە! بۇ ئادەمنىڭ ئەقلىگە قىلچە سىغمايتتى. نېمىشقا ئۇ ئۇلارنى ئاغزىدىكى بىر سۆز بىلەنلا ئۇرۇپ يوقىتىۋەتمىدى؟! دەرۋەقە، ئۇ ئۇلارغا دەل بېشارەت قىلغاندەك ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى تاشلاپ تارقىلىپ كېتىدۇ: —

«ئاندىن ئەيسا ئۇلارغا:
سىلەر ھەممىڭلار تاندۇرۇلۇپ پۇتلىشىسىلەر، چۈنكى مۇقەددەس
يازمىلاردا:
«مەن پادىچىنى ئۇرۇۋېتىمەن،
قويلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىتىۋېتىلىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن» («مار.» 27:14،
«زەك.» 7:13).

ئۇلارنىڭ ئىمان-ئېتىقادى ئاجىزلاپ، نۆلگە چۈشەي دەپ قالىدۇ، ۋە مەسىھ بۇنى ئوبدان بىلەتتى. پېترۇس ئۈچ قېتىم ئۇنىڭدىن تېنىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ پېترۇسقا:
ــ «ئەي سىمون، سىمون! مانا، شەيتان ھەممىڭلارنى خۇددى بۇغداي تاسقىغاندەك تاسقاپ سىناشنى تىلىگەن. لېكىن ئېتىقادىڭ يوقىمىسۇن دەپ ساڭا دۇئا قىلدىم. ئەمدى سەن توۋا قىلىپ توۆز يولغا قايتقاندىن كېيىن، قېرىنداشلىرىڭنى مۇستەھكەملىگىن» دېگەنىدى (22:31-32).
خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولاي دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش جەريان بىلەن «نۆل»گە چۈشۈرۈلمىسە بولمايدۇ. بۇ جەريان بىلەن ئۇلار پېترۇسقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئاجىزلىقىنى ھەمدە ئۆز-ئۆزىگە تايىنىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى ئۆگىنىدۇ. پەقەت شۇنداق بولغاندا خۇدانىڭ ھەقىقىي كۈچ-قۇدرىتى ئادەمگە كىرىدۇ. بارلىق مۇخلىسلارنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ كېلىشى ۋە كۈچلەندۈرۈشى بولمىسا، ئۆزلىرىنى ھېچنەرسە ئەمەس دەپ كۆرۈپ يېتىشى كېرەك ئىدى.
ئەمدى نېمە ئۈچۈن ھەميان، خۇرجۇن ۋە قىلىچلار كېرەك؟ بۇ تەلەپ ئۇلارغا، سىلەرنىڭ ئىمان-ئېتىقادىڭلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ دەپ بىلىمەن، دېگەننى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئۇلارنى تەلىم بېرىشكە ئەۋەتكىنىدە (9-باب) ئۇلارنىڭ ئىمان-ئېتىقادى يۇقىرى دەرىجىدە ئىدى. ئۇلار خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىدىن پۈتۈنلەي چىقىشىغا ئىشىنەتتى ۋە دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى «سىلەرنى ھەميانسىز، خۇرجۇنسىز ۋە كەشسىز سەپەرگە ئەۋەتكىنىمدە سىلەرنىڭ بىرەر نەرسەڭلار كەم بولۇپ قالغانمۇ؟...»
لېكىن ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ ئوغلىغا بولغان ئىمان-ئىشەنچى يوقالغاندا خۇدا ئۇلارنىڭ بېشىغا ھېچقانداق باشقا سىناقنى چۈشۈرمەيتتى. ئۇ بۇ قاراڭغۇلۇق مەزگىل ئىچىدە ئۇلارغا بەزىبىر سىرتقى يۆلەنچۈك (ھەميان، خۇرجۇن) ۋە بەزىبىر ئۆزىنى (مەسىھنى

ئەمەس!) قوغداش تەدبىرنى (ئىككى قىلىچ) تۇتۇشقا يول قويىدى. بىز بۇ ھەققەتنى يەنە باشقا سۆزلەر بىلەن ئىپتايلى. خۇدا ئىنسانلارغا ئۆز ئوغلى توغرۇلۇق روشەن گۇۋاھلىق بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خۇدانىڭ ئوغلىغا تېخى ئېتىقاد قىلمىغان بولسا، ئەھۋال قانداق بولار؟ ئىنسان قەلبىدە خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد مەۋجۇت بولمىسا، ھېچقانداق باشقا ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەقىقىي ئىشەنچ-ئېتىقاد قەتئىي مەۋجۇت بولالمايدۇ (مەسىلەن، خۇدانىڭ ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي ھاجەتلىرىدىن چىقىشىغا باغلىغان ئىشەنچ). چۈنكى ئوغۇلغا ئېتىقاد باغلىمىغان بولساق، بىز بارلىق ئېتىقادنىڭ بۇلاق-مەنبەسىنى، يەنى خۇدانىڭ ئۆز ئوغلى توغرۇلۇق: «بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم» دېگەن تۈپ سۆزىنى چەتكە قاققان بولىمىز. ئەيسا مەسىھ ئۆزى دەل «خۇدانىڭ سۆز-كالامى» ئەمەسمۇ؟

«گۇۋاھلىق دەل شۇدۇركى، خۇدا بىزگە مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئاتا قىلدى ۋە بۇ ھاياتلىق ئۇنىڭ ئوغلىدىدۇر. شۇڭا ئوغۇلغا ئىگە بولغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ؛ خۇدانىڭ ئوغلىغا ئىگە بولمىغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە بولمىغان بولىدۇ» («1يۇھ.» 5:11-12).

(43:23) «ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ بەرھەق، مەن ساڭا ئېيتايكى، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن!»

بۇلار رەببىمىز ئۆزى بىلەن تەڭ كرېستكە تارتىلغان ئىككى قاراقچىدىن بىرىگە ئېيتقان سۆزلەر. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشى بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قاراقچىلىقى ۋە ئوغرىلىقى قانچە ئائىلىنى پاجىئەلىك ئەھۋالغا چۈشۈرگەن، ھەتتا كىشىلەرنىڭ تەنلىرىدە قانچە يارا-جاراھەتلەرنى قالدۇرغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيىدە كۆڭلى سۇنۇق قايغۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئاتا-ئانىسى بارمىدۇ؟ بۇنداق ئېغىر گۇناھلارنى كىم بىلەلەيدۇ؟! ئۇ ھەرقانداق تۇۋىغا كېچىكىپ قالغانىدى! ۋە ئەگەر ئۇ بەزى ۋاقىتلاردا تىڭشىغان دىنىي ئەربابلارنىڭ سۆزى توغرا بولسا، كرېستلىنىشىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن كېيىن تېخىمۇ دەھشەتلىك بىر جەھەننەم ئۇنى كۈتەتتى، دەرۋەقە بۇنداق جازالار ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلەتتى!

ۋە قاراقچىنىڭ يېنىدا كرېستلەنگەن دەل شۇ دىنىي ئەربابلاردىن بىرى بار ئىدى (بۇ قاراقچى شۇنداق ئويلىغان). قاراقچى: «مۇشۇ دىنىي ئەربابلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ

بۆرىلىرى، ساختىپەزلەر! بۇ كىشىگە خوپ بوپتۇ! ئۇ ھەتتا ئۆزىنى «قۇتقۇزغۇچى» دەپ جاكارلىغانغۇ! نېمىدېگەن قۇۋ!» ــ دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

لەشكەرلەر ۋە دىنىي ئەربابلار ئەيسانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنى مازاق قىلغىنىدا، ئۇ ۋە ئىككىنچى قاراقچىمۇ ئۆز ئاۋازلىرىنى مازاققا قوشتى («مات.» 24:27). لېكىن ئەيسا ھېچقانداق جاۋاب بەرمەيتتى. ئۇ ھەتتا لەشكەرلەر ئەيسانىڭ قول-پۇتىغا مىخلارنى قېقىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن: «ئاتا، ئۇلارنى كەچۈرگىن! چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ!» دەپ دۇئا قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغانىدى.

پەلەستىندىكى ھەربىر يەھۇدىي ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ رىملىقلارنىڭ قولىدا كرېستلىنىشىگە گۇۋاھچى بولغان. بۇ چاغدا شۇنچە كۆپ لەنەتلەر، شۇنچە كۆپ قارغاشلار پەلەكنى قاپلىغانىدى! قاراقچى بۇ كىشىگە قاراپ، ئۇ قانداقمۇ ھېچنېمە دېمەي سۈكۈتتە تۇرالىغاندۇ؟ ــ دەپ ئويلاپ قالغاندۇ. چۈنكى ئەيسا ئۆزىنىڭ بۇ ئۆلۈمدىكى دەھشەتلىك شەرمەندىلىككە قالغانلىقىغا، قىيپالىڭاچ قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزىگە ھاقارەتلەر تۆكۈلگەنلىكىگە قارىماي سۈكۈتتە تۇراتتى. ئۇنىڭ شەخسىدىن ھەتتا بۇ قاراقچىمۇ كۆرۈپ يېتەلىگىدەك بىرخىل شان-شەرەپ ۋە سالاپەت ئۇرغۇپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە «مانا يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى، ناسارەتلىك ئەيسا» دېگەن بىر شىكايەت بېكىتىلگەنىدى. قاراقچى: «گەرچە بۇ كىشى ئازاب-ئوقۇبەت تارتقۇچى بولسىمۇ، بۇنداق دەھشەتلىك ھالەت ئۈستىدىن غالىب كەلگۈچىدەك تۇرىدىغۇ؟» ــ دېگەن ئويغا كەلگەن بولسا كېرەك. قاراقچى نۇرغۇن «مۇتىۋەرلەر» ۋە «ئەرباب»لارنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ كىشىدە ئۇلاردىن باشقىچە بىر شاھانە سالاپەت چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. «ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكىتى دەرۋەقە پادىشاھنىڭكىدەكتۇر! ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتى «پادىشاھ» دېگەن سۆزگە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر مەنىنى يۈكلەيدىكەن؛ ئۇنىڭ بېشىدىكى ھېلىقى شىكايەت ئەمەلىيەتتە ھەقىقەت ئىكەن!» ــ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

«ئۇلارنى كەچۈرگىن» دېگەن ھېلىقى دۇئاسى توغرۇلۇق ئويلىغانسېرى قاراقچى تېخىمۇ تەسىرلەندى. ئۇ بۇ كىشىنىڭ دەرۋەقە خۇدانى «ئاتام» دەپ چاقىرىپ نىدا قىلغانلىقىنى، ئانىسى مەريەمنى روسۇل يۇھاننانىغا ئامانەت قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى («يۇھ.» 26:19). كىم شۇنداق ئەشەددىي ئازابلار ئاستىدا ئۆزىدىن باشقا بىرەركىمنىڭ غېمىنى يەيدۇ؟! قارىغاندا، «مېھىر-مۇھەببەت» دېگەن ئىش دەرۋەقە مەۋجۇتكەن! ئۇ ھېچقاچان شۇنداق بىر ئىش بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغان. مانا، مۇشۇ يەردە ئۇ ئۆزىگە

ئۇۋال قىلىپ، ئەرز قىلغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىدىغان بىر گۇناھسىز ئادەم! شۇبھىسىزكى، بۇ ئادەمدە خۇدا باردۇر ياكى ئۇ ئۆزى خۇدالىق بىر ئادەمدۇر!

ۋە شۇنداق ئۆيلىغاندا قېرىنداشىمىز بولغان بۇ قاراقچى ئەيساغا قاراپ رەھىم-شەپقەت ئىزدەپ تىلىدى ۋە بىز يۇقىرىدا ئوقۇغان سۆزلەر بىلەن رەھىم-شەپقەت ئۇنىڭغا ئىجابەت قىلىندى. بۇ رەھىم-شەپقەتنىڭ ئۇ ھېچقانداق «ساۋابلىق ئىش» (خۇدا ئالدىدا «ساۋابلىق ئىش مەۋجۇت ئەمەس) ياكى ياخشى ئەمەل قىلمىغان ھالدا ئۇنىڭغا سۇنۇلغانلىقىغا دىققەت قىلغىنىمىز تۈزۈك. بۇ قاراقچى ئۆزى نىجاتنىڭ باشتىن ئاخىرغىچە ساپلا خۇدانىڭ شەپقىتىدىن چىققان ئىلتىپات ئىكەنلىكىگە ئىسپاتتۇر. بىز ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ھېچقانداق «ياخشى ئىش» قىلالمايمىز، ۋە «قىلالايمىز» دەپ ئويلىساق، بۇ خۇداغا ھاقارەت بولىدۇ. كېرەك بولغىنى پەقەت ئۆزىمىزنى ئەيسانىڭ قولىغا تاپشۇرۇشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، رەببىمىزنىڭ: «بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن!» دېگىنىگە دىققەت قىلىسىڭىز ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ بايانى بىزگە، مەسىھگە ئېتىقادتا بولغان بولساق، ئۆلگەن دەقىقىدە روھىمىز دەرھال خۇدانىڭ دەرگاھىغا كىرىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېيىنكى بىر كۈنى (قىيامەت كۈنى) روھىمىز تىرىلگەن يېڭى بىر تەن بىلەن كىيدۈرۈلىدۇ («2كور.» 5:1-10، «1كور.» 15:51-58نى كۆرۈڭ).

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بایاندىن «ئەيسا ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا چۈشۈپ گۇناھلىرىمىزنى كۆتۈرگەن» دېگەن تەلىمنىڭ ئەمەلىيەتتە تولىمۇ بىدئەتلىك بىر بىلجىرلاش ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ. بىز مەسىھنىڭ گۇناھلىرىمىزنى (ۋە شۇنداقلا بۇ گۇناھلارغا تېگىشلىك بارلىق دوزاختىكى ئازابلارنى) كرېستلەنگەن ۋاقىتلار ئىچىدە كۆتۈرگەن، دەپ ئىشىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرىدا: «ئىش تاماملاندى!» دەپ جاكارلايتتى («يۇھ.» 19:30).

# ئىنجىل 4-قىسىم

# «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»

## كىرىش سۆز

روسۇل يۇھاننانىڭ ئەيسانىڭ تەرجىمىھالىنى تەسۋىرلىگەن مەزكۇر بايانى توغرۇلۇق ئىنجىلدىكى «تۆت بايان»غا بولغان كىرىش سۆزىمىزنى ئاۋۋال كۆرۈڭ. مۇشۇ يەردە بىز پەقەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىگە سالىمىزكى، يۇھاننا رەببىمىزنىڭ ئون ئىككى روسۇلىدىن بىرى ئىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ يازغان بايانىدا ئۆزىنى ئىسمى بىلەن كۆرسەتمەيدۇ، پەقەت ئۆزىنى «ئەيسا سۆيگەن مۇخلىس» دەپ چاقىرىدۇ. بۇنىڭدىن، بۇ ئۇنىڭ مەسىھنىڭ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئامراق ئىكەنلىكىنى، ياكى مەلۇم جەھەتتىن ئۇنى باشقا مۇخلىسلاردىن ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسەتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالساق بولمايدۇ (چۈنكى خۇدا ھېچقانداق ئادەمگە يان باسمايدۇ). بەلكى ئۇنىڭ ئەيسا تەرىپىدىن سۆيۈلگەنلىكى ئۇنىڭغا شۇنچە مۆجىزىلىك ۋە تىلسىمات بولغانكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئۆزلۈكسىز تولغانىدى. ھەتتا ئاتمىش يىلدىن كېيىن، بۇ «بايان»نى يازغان ۋاقتىدىمۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭدا يەنىلا چوڭقۇر تەئەججۈپلىنەرلىك ئىز قالدۇرۇلغانىدى.

ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئىنجىلدىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدىن مۇشۇ يەردە يەنە سۆز كەلتۈرىمىز: —

«يۇھاننانىڭ بايانىدىكى بىرىنچى ئايەتنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ يېزىش نۇقتىئىنەزىرىنىڭ باشقا بايانچىلارنىڭكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. ماركۇس بايانىنى چۈمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ «تارىخ سەھنىسىگە تۇيۇقسىز چىقىش»ى بىلەن باشلايدۇ («مار.» 1:1-18). ماتتا بايانىنى ئىبراھىمنىڭ ۋە داۋۇتنىڭ ئەيسانىڭ ئەجدادلىرى

ئىكەنلىكى بىلەن باشلايدۇ («مات.» 1:1ـ17). لۇقا باياننى ئەيسانىڭ ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئەيسانىڭ نەسەپنامىسىنى ئادەمئاتىمىز بىلەن باشلايدۇ («لۇقا» 3:23ـ38). يۇھاننا بولسا باياننى بۇلار بىلەن ئەمەس، بەلكى «دەسلەپتە» يەنى «ھەممىدىن بۇرۇن» بولغان ئىشلار بىلەن باشلايدۇ: ــ «ھەممىدىن بۇرۇن «كالام» (سۆز) مەۋجۇت ئىدى. ئۇ خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم ئۆزى خۇدا ئىدى» («يۇھ.» 1:1). روشەنكى، ئۇ ئۆز باياندا كىتابخانلىرىم ئالدىقاچان ماتتا، ماركۇس ياكى لۇقانىڭ بايانلىرىنى ھەتتا باشقىلارنىڭكىنى ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرگەنلىكى تۇرغان گەپ دەپ ئويلايدۇ. ئۇشبۇ باياندا ئۇ مەسىھنىڭ تولۇقراق بىر تەرجىمىھالىنى يېزىشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس؛ بەلكى ئۇ ئۆزى بىرگە ئۇقتۇرغاندەك، مەسىھنىڭ بىرنەچچە ئالاھىدە سۈپەتلىرىنى ئايان قىلىدىغان، ئۆزى زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان مەلۇم ۋەقەلەر (ئالامەت بەلگىلەر» «مۆجىزىلىك ئالامەتلەر» ياكى «كارامەت بەلگىلەر»)نى ۋە ۋەز-تەلىملەرنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى بىز ئۈچۈن خاتىرىلەيدۇ. مانا ئۇنىڭ باياندىكى ئەڭ ئاخىردىن ئىبلىنغان بىر جۈملە: ــ «ئەيسا مۇخلىسلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ كىتابتا خاتىرىلەنمىگەن باشقا نۇرغۇن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنىمۇ كۆرسەتتى. لېكىن مۇشۇلار سىلەرنى ئەيسانىڭ مەسىھ، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسۇن ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ نامى ئارقىلىق ھاياتلىققا ئېرىشسۇن، دەپ يېزىلدى» (20:30ـ31). شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ باياننى مۇقەددەس يازمىلار ئىچىدە ئاساسەن ئېتىقاد قىلمىغانلار ئۈچۈن يېزىلغان بىردىنبىر قىسىم، دېگىلى بولىدۇ.

شۇڭا بۇ بايان ئۇنىڭ خۇدا ئالدىدا ئۆزۈن ئىستىقامەت قىلىپ، تولىمۇ ئەستايىدىللىق ۋە ئېھتىيات بىلەن (شۇنداقلا ئىشىنىمىزكى، مۇقەددەس روھنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەنمۇ) مەسىھنىڭ ئىچكى ھاياتى ۋە تەلىمىنىڭ جەۋھىرىنى ئايان قىلىدىغان ۋەقەلەر ۋە بايانلار توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويلىنىپ تاللىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

2ـبابتا، مەسىھ سۇنى شارابقا ئايلاندۇرغان مۆجىزىنى يارىتىدۇ. ئالتە چوڭ ئىدىش سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئىچىدىكى سۇ ئۇسۇلۇپ مېھمانلارغا توشۇلغاندا، شارابقا ئايلاندى. شاراب مۇقەددەس يازمىلاردا مول، خۇشال ھاياتنىڭ سىمۋولىدۇر («زەبۇر» 104:15): ــ

«ئۇ (خۇدا) ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان شارابنى،
ئىنسان يۈزىنى پارقىرىتىدىغان ماينى چىقىرىدۇ؛
ئىنساننىڭ يۈرىكىگە نان بىلەن قۇۋۋەت بېرىدۇ»).

يۇھاننانىڭ بايانىدا، مەسىھ بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئارقىلىق ھاياتى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلگەن ئالتە شەخس ئالاھىدە تەسۋىرلىنىدۇ. كۆپ مەسىھىي ئالىملار يۇھاننانى «سۇ شارابقا ئايلاندۇرۇلغان ئالتە ئىدىش»نى شۇ ئالتە شەخسكە ئوخشىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە شۇ ئالتە شەخسنىڭ «سۇ»دەك تەمسىز ھاياتى ئەيسا بىلەن ئۇچرىشىش بىلەن «شاراب»دەك ھاياتقا ئايلانغان.

ئۇ ئالتە شەخس بولسا: ــ

(1) پەرىسىي نىكودىمۇس (3:1-21)

(2) سامارىيەلىك ئايال (4:4-42)

(3) بەيت-ئەسدادىكى پالەچ ئادەم (5:1-16)

(4) زىنا ئۈستىدە تۇتۇلغان ئايال (8:1-11)

(5) يېرۇسالېمدىكى كور ئادەم (9:1-41)

(6) لازارۇس (ئۆلۈمدىن تىرىلگەن) (11:1-57)

يۇھاننا پەقەت مەسىھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ياكى ئەمىلىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن يەتتە كارامەتنى («مۆجىزىلىك ئالامەت»نى) تاللاپ خاتىرىلەيدۇ: ــ

(1) توي زىياپىتىدە سۇنى شارابقا ئايلاندۇرۇش (2:1-11) (مەسىھ خۇشاللىق كەلتۈرگۈچىدۇر)

(2) ھۆكۈمدارنىڭ ئوغلىنى ساقايتىش (4:46-54) (مەسىھ يىراق يەرلەرنىڭمۇ ئىگىسىدۇر)

(3) بەيت-ئەسدادىكى پالەچنى ساقايتىش (5:1-16) (مەسىھ شىپانىڭ ئىگىسىدۇر ــ پالەچ 38 يىل ماگالمىغان ئىدى)

(4) بەش مىڭ ئادەمنى تويدۇرۇش (6:1-14) (مەسىھ ئۆزى بىز ئۈچۈن «ھاياتلىق نان»دۇر).

(5) مۇخلىسلار كېمىدە ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ يېنىغا سۇ ئۈستىدە مېڭىپ بېرىش (6:15-21) (مەسىھ ئالەمنىڭ شەيئىلىرىنىڭ ئىگىسىدۇر)

(6) يېرۇسالېمدىكى كور ئادەمنى ساقايتىش (9:1-41) (مەسىھ «دۇنيانىڭ نۇرى»دۇر)
(7) لازارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈش (11:1-57) (مەسىھ «تىرىلىش ۋە ھايات»تۇر)
بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاياتىمىزغا مەڭگۈ روھىي ئەھمىيىتى باردۇر. يۇھاننانىڭ مەقسىتى بىزنى بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئويلاندۇرۇش، ئەلۋەتتە!
بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەڭ چوڭىنى قوشۇش كېرەك:
(8) مەسىھنىڭ تىرىلىشى!

«مىس.» 3:15-16دە پەرۋەردىگارنىڭ نامى «مەن ئۆزۈمدۇرمەن» دەپ ئايان قىلىنىدۇ. «يۇھاننا»دا مەسىھنىڭ بۇ نام بىلەن ئۆزىنى ئايان قىلىشتىكى يەتتە مۇھىم باياني خاتىرىلەنگەن: —

(1) «مەن ھاياتلىق ناندۇرمەن» (6:35)
(2) «مەن دۇنيانىڭ نۇرىدۇرمەن» (8:12، 9:5)
(3) «مەن ئىشىكدۇرمەن» (10:7، 9)
(4) «مەن ياخشى باققۇچىدۇرمەن» (10:11)
(5) «مەن تىرىلىش ۋە ھاياتتۇرمەن» (11:25)
(6) «مەن يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتتۇرمەن» (14:6)
(7) «مەن ھەقىقىي ئۈزۈم تېلىدۇرمەن» (15:1)

بۇ قىسقا تونۇشتۇرۇش سۆزى ئىچىدە يەنە شۇنى كۆرسىتىش بەك مۇھىمكى، يۇھاننا بىزنىڭ ئەيسانىڭ ھەم يۈز پىرسەنت ئىنسان ھەم يۈز پىرسەنت خۇدانىڭ تەبىئىتىدە بولغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزنى خالايدۇ. بۇ، ئەيسانىڭ ئىنسان تەبىئىتىدە بولغانلىقىنى ئايدىڭ قىلىپ كۆرسەتكەن ئايەتلەردىن (مەسىلەن 1:14) ھەمدە ئۇنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئايەتلەردىنمۇ كۆرۈنىدۇ (4:6-7، 19:28).

يۇھاننا بۇ باياننى قاچان يازغان؟ تۈرلۈك تارىخىي ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، بۇ باياننى بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، بەلكىم مىلادىيە 90-95-يىللار ئارىلىقىدا يازغان. دېمەك، ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى يۈز بېرىپ ئاتمىشچە يىلدىن كېيىن، قېرىغان ۋاقتىدا يازغان. شۇڭا بەزى ئېتىقادسىز ئادەملەر مەسخىرە قىلىپ: «بۇ قېرى ئادەم بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى قانداق ئېسىگە كەلتۈرەلەيدۇ» دەپ گۇماننى بىلدۈرىدۇ. تەرجىمانلاردىن بىرى بىر قېتىم سەكسەن ياشقا كىرگەن بىر پروفېسسورنىڭ «يۇھاننا» توغرۇلۇق لېكسىيە ئوقۇغانلىقىنى، شۇنداقلا دەل شۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. ئۇ پروفېسسور 80 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى يوقلىمىدىكى تەرتىپ بويىچە ھەممىسىنى يادلاپ بەرگەن ئاندىن: ــ «مەن 80 ياشقا كىرگەن بولساممۇ، شۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى ئېسىمدىن چىقارمىغان يەردە، روسۇل يۇھاننانىڭ ئۆز ھاياتىنى مۇتلەق ئۆزگەرتكەن، ئۆزىنى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ئېلىپ بارغان مۇشۇنداق كۆچلۈك ۋەقەلەرنى ئېسىدە تۇتۇشىنى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ھېسابلىغىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇھاننا ئۆزى بىز ئۇچۇن مەسىھنىڭ «ياردەمچى، يەنى مۇقەددەس روھ سىلەرگە ھەممىنى ئۆگىتىدۇ ھەم مېنىڭ ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىمنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرىدۇ» دېگەن ۋەدىسىنى خاتىرىلەيدۇ» ــ دېدى.

## مەزمۇن: ـ

1. ئەيسا مەسىھ ــ خۇدانىڭ كالامدۇر (1:1ـ18)
2. يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئەيساغا گۇۋاھلىق بېرىشى (1:19ـ34)
3. ئەيسانىڭ دەسلەپكى مۇخلىسلىرى (1:35ـ51)
4. ئەيسانىڭ «يەتتە مۆجىزىلىك ئالامەت»ى (2ـ11ـ بابلار)
5. ئەيسانىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسى. ئاخىرقى ئاخشامدىكى سۆھبەت (12ـ17ـ بابلار)
6. ئەيسانىڭ تۇتۇلۇشى، سوراققا تارتىلىشى، ئۆلۈشى، دەپنە قىلىنىشى (18ـ19ـ بابلار)
7. ئەيسانىڭ تىرىلىشى ۋە مۇخلىسلىرىغا كۆرۈنۇشى (20ـ21ـ بابلار)

# يۇھاننا

## «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»
## ئەيسا مەسىھنىڭ ئەينى سالاھىيىتى ـ «خۇدانىڭ كالامى»دۇر

**1** 1 مۇقەددەمدە «كالام» بار ئىدى؛ كالام خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم
كالام خۇدا ئىدى. 2 ئۇ مۇقەددەمدە خۇدا بىلەن بىللە ئىدى. 3 ئۇ
ئارقىلىق بارلىق مەۋجۇداتلار يارىتىلدى ۋە بارلىق يارىتىلغانلارنىڭ
ھېچبىرى ئۇنىڭسىز يارىتىلغان ئەمەس. 4 ئۇنىڭدا ھاياتلىق بار ئىدى
ۋە شۇ ھاياتلىق ئىنسانلارغا نۇر ئېلىپ كەلدى. 5 ۋە نۇر قاراڭغۇلۇقتا

---

1:1 **«مۇقەددەمدە»** ــ باشقا بىر ئىپادىلىنىشى «ھەممىدىن بۇرۇن» («ئالەم يارىتىلىشتىن بۇرۇنلا» كالام (ئالىلقاچان) بار ئىدى»). **«كالام»** ــ «سۆز»، شۇنداقلا «خۇدانىڭ سۆزى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەيسانىڭ بىر نامىدۇر؛ كۆرسىتىدىغان مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇردۇر. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ. **«كالام خۇدا بىلەن بىللە ئىدى...»** ــ مۇشۇ يەردىكى «بىلەن بىللە» دېگەن گرېك تىلىدا يەنە «ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتتە»، «(خۇداغا) قاراپ ئۇنى سۆيىدىغان» دېگەن مەنىنىمۇ پۈرىتىدۇ. **«ھەم كالام خۇدا ئىدى»** ــ بۇ مۇھىم بايان كالامنىڭ خۇدالىق تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**1:1** پەند. 22:8؛ كول. 17:1؛ 1يۇھ. 1:1، 2.

**2:1** يـۇھ. 5:17.

3:1 **«ئۇ ئارقىلىق بارلىق مەۋجۇداتلار يارىتىلدى ۋە بارلىق يارىتىلغانلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭسىز يارىتىلغان ئەمەس»** ــ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى كالام ئۆزى ھېچ يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى ئەزەلدىن خۇدا بىلەن بىللە مەۋجۇت ئىكەنلىكىدۇر. «يارىتىلغان» گرېك تىلىدا، مۇشۇ يەردە «بارلىققا كەلتۈرۈلگەن» «ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك باشقا خىل ئىپادىلىنىشى: ــ «ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولدى ۋە بولغان نەرسىلەردىن ھېچ بىرى ئۇنىڭسىز بولمىدى».

**3:1** يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ ئەف. 9:3؛ كول. 16:1؛ ئىبر. 2:1.

4:1 **«شۇ ھاياتلىق ئىنسانلارغا نۇر ئېلىپ كەلدى»** ــ ياكى «شۇ ھاياتلىق ئىنسانلارنىڭ نۇرى ئىدى».

**4:1** يـۇھ. 26:5؛ 12:8؛ 5:9؛ 46:12؛ 1يۇھ. 5:1؛ 8:2-11؛ 11:5.

**پارلايدۇ ۋە قاراڭغۇلۇق بولسا نۇرنى ھېچ بېسىپ چۈشەلىگەن ئەمەس.**
**[6]بىر ئادەم خۇدادىن كەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى يەھيا ئىدى. [7]ئۇ گۇۋاھلىق**
**بېرىش ئۈچۈن، يەنى ھەممە ئىنسان ئۇزى ئارقىلىق ئىشەندۇرۇلسۇن،**
**دەپ نۇرغا گۇۋاھچى بولۇشقا كەلگەنىدى. [8]يەھيانىڭ ئۆزى شۇ نۇر**
**ئەمەس، بەلكى پەقەت شۇ نۇرغا گۇۋاھلىق بېرىشكە كەلگەنىدى.**
**[9]ھەقىقىي نۇر، يەنى پۈتكۈل ئىنسانىنى يورۇتقۇچى نۇر دۇنياغا كېلىۋاتات**
**قانىدى. [10]ئۇ دۇنيادا بولغان ۋە دۇنيا ئۇ ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن**
**بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا ئۇنى تونۇمىدى. [11]ئۇ ئۆزىنىڭكىلەرگە كەلگەن**
**بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۆز خەلقى قوبۇل قىلمىدى. [12]شۇنداقتىمۇ،**
**ئۇ ئۆزىنى قوبۇل قىلغانلار، يەنى ئۆز نامىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ**

---

5:1 **«قاراڭغۇلۇق بولسا نۇرنى ھېچ بېسىپ چۈشەلىگەن ئەمەس»** ــ مۇشۇ سۆز ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ، يەنى «قاراڭغۇلۇق بولسا نۇرنى ھېچ چۈشەنگەن ئەمەس» ياكى «قاراڭغۇلۇق بولسا نۇرنى قوبۇل قىلغان ئەمەس» دېگەننىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**5:1** يۇھ. 19:3.

6:1 **«بىر ئادەم خۇدادىن كەلدى»** ــ گرېك تىلىدا «بىر ئادەم خۇدادىن ئەۋەتىلدى\بولدى». **«ئۇنىڭ ئىسمى يەھيا ئىدى»** ــ يەھيا پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ. «يەھيا» دېگەن ئىسىم گرېك تىلىدا ھەم ئىبرانيي تىلىدا «يۇھاننا» ــ «پەرۋەردىگارنىڭ مېھىر-شەپقىتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**6:1** مال. 1:3؛ مات. 1:3؛ مار. 2:1، 4؛ لۇقا 3:3؛ 27:7؛ يۇھ. 33:1.

9:1 **«ھەقىقىي نۇر، يەنى پۈتكۈل ئىنسانىنى يورۇتقۇچى نۇر، دۇنياغا كېلىۋاتقانىدى»** ــ «كېلىۋاتقانىدى» دېگەننى قانداق يول بىلەن چۈشەنگىلى بولىدۇ؟ بىزنىڭچە، بۇ بىر جەرياننى كۆرسىتىدۇ ــ يەنى بەلكىم ئاۋۋال مەريەمنىڭ بالىياتقۇسىغا پەيدا بولۇپ، تۇغۇلۇپ ئاندىن يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە بولغان گۇۋاھلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە كىرىش جەريانى ئارقىلىق «كېلىۋاتاتتى». باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «بۇ بولسا دۇنياغا كېلىدىغان ھەربىر ئىنسانىنى يورۇتىدىغان ھەقىقىي نۇردۇر».

**9:1** يۇھ. 12:8؛ 5:9؛ 46:12.

**10:1** ئىبر. 2:1؛ 3:11.

11:1 **«ئۇ ئۆزىنىڭكىلەرگە كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۆز خەلقى قوبۇل قىلمىدى»** ــ «ئۆزىنىڭكىلەر» دېگەنلىك ئالەم ۋە ئۇنىڭدا بار بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىسى مەسىھنىڭكىدۇر، چۈنكى خۇدا ئالەمنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئارقىلىق ياراتقانىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغانىدى. **«ئۆز خەلقى»** ــ ئىسرائىل خەلقى، يەنى يەھۇدىي خەلقى ــ گرېك تىلىدا «ئۆزىدىكىلەر» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ھەممىسىگە خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇش ھوقۇقىنى ئاتا قىلدى.
[13] ئۇنى قوبۇل قىلغان مۇشۇلار يا قاندىن، يا ئەتلەردىن، يا ئىنسان
ئىرادىسىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن تۆرەلگەن بولىدۇ.
[14] كالام ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ماكانلاشتى ۋە بىز ئۇنىڭ
شان-شەرىپىگە قارىدۇق؛ ئۇ شان-شەرەپ بولسا، ئاتىنىڭ يېنىدىن
كەلگەن، مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتكە تولغان بىردىنبىر يېگانە
ئوغلىنىڭكىدۇر. [15] (يەھيا ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ: ــ مانا، مەن

---

**12:1** يەش. 5:56؛ رىم. 15:8؛ گال. 26:3؛ 2پېت. 4:1؛ 1يۇھ. 1:3.

13:1 **«ئۇنى قوبۇل قىلغان مۇشۇلار يا قاندىن، يا ئەتلەردىن، يا ئىنسان ئىرادىسىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن تۆرەلگەن بولىدۇ»** ــ

—(1) «قاندىن ... تۆرەلگەن ئەمەس» (گرېك تىلىدا «قانلاردىن ئەمەس») ــ دېمەك، مەلۇم بىر مىللەتتىن بولغانلىقىدىن ئەمەس. مەسىلەن، بەزى ئادەملەر: «مەن خۇدا ئالاھىدە تاللىغان خەلق بولغان يەھۇدىيلاردىن (ياكى «كاھىن ئائىلىسى» قاتارلىقلاردىن) بولغاچقا خۇدانىڭ پەرزەنتىمەن» دەپ خاتا ئويلايدۇ («رىم.» 26:17نى كۆرۈڭ).

—(2) «ئەتلەردىن ... تۆرەلگەن ئەمەس» ــ بىزنىڭچە بۇ ئىبارە ئىنساننىڭ ئۆز تىرىشىش-تىرمىششلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن كۆپ ئادەملەر: «مەن خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىپ، خۇدانىڭ پەرزەنتى بولىمەن» دەپ خاتا ئويلايدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدىكى «ئەتلەر» توغرۇلۇق ئىزاھاتىمىزنى كۆرۈڭ.

—(3) «ئىنساننىڭ (گرېك تىلىدا «ئەركەك ئىنسان»نىڭ) خاھىشىدىن ... تۆرەلگەن ئەمەس» ــ دېمەك، ھەرقانداق بىر ئىنسان (مەيلى پەيغەمبەر، مەيلى كاھىن مەيلى جامائەتتىكى بىرەر ئەرباب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر)، باشقا بىر ئىنساننى خۇدانىڭ پەرزەنتى قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېچكىم «ئۆز ئىرادىسى بىلەن» ئۆزىنى خۇدانىڭ پەرزەنتى قىلالمايدۇ.

—(4) «خۇدادىن تۆرىلىش»، يەنى «قايتا تۇغۇلۇش» توغرۇلۇق 1:3-22-ئايەتنى كۆرۈڭ.

14:1 **«كالام ئىنسان بولدى»** ــ «ئىنسان» مۇشۇ يەردە «ئەت ئىگىسى» ياكى «تەن» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«كالام ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ماكانلاشتى»** ــ گرېك تىلىدا «كالام تەن (ئەت) بولدى ۋە ئارىمىزدا چېدىر تىكتى». «چېدىر» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە شۈبھىسىزكى، ئەيسانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ھازىر بولۇشى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە خۇدا ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس چېدىر»ىدا تۇرۇپ، ئۆز خەلقى ئارىسىدا ھازىر بولغىنىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. **«بىز ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە قارىدۇق؛ ئۇ شان-شەرەپ بولسا، ئاتىنىڭ يېنىدىن كەلگەن، مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتكە تولغان بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنىڭكىدۇر»** ــ «ئاتا» مۇشۇ يەردە خۇدائاتىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**14:1** يەش. 14:7؛ مات. 16:1؛ 2:17؛ لۇقا 31:1؛ 7:2؛ كول. 19:1؛ 9:2؛ 2پېت. 17:1.

سىلەرگە: «مەندىن كېيىن كەلگۈچى مەندىن ئۈستۈندۇر، چۈنكى
ئۇ مەن دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا بولغانىدى» دېگىنىم دەل مۇشۇ
كىشىدۇر! ــ دەپ جار قىلدى) [16] چۈنكى ھەممىمىز ئۇنىڭدىكى تولۇپ
تاشقانلاردىن ئىلتىپات ئۈستىگە ئىلتىپات ئالدۇق.
[17] چۈنكى تەۋرات قانۇنى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەنىدى؛
لېكىن مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەت ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق
يەتكۈزۈلدى. [18] خۇدانى ھېچكىم كۆرۈپ باققان ئەمەس؛ بىراق ئاتىنىڭ
قۇچىقىدا تۇرغۇچى، يەنى بىردىنبىر ئوغۇل ئۇنى ئايان قىلدى.

## يەھيا پەيغەمبەرنىڭ گۇۋاھلىقى

مات. 3:1-12؛ مار. 1:2-8؛ لۇقا 3:15-17

[19] يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىيلار يەھيادىن «سەن كىمسەن؟» دەپ
سورۇشتە قىلىشقا كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنى ئۇنىڭ يېنىغا

15:1 «مەندىن كېيىن كەلگۈچى مەندىن ئۈستۈندۇر، چۈنكى ئۇ مەن دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا بولغانىد» ــ دېمىسەكمۇ، يەھيا پەيغەمبەر ئەيسا مەسىھتىن ئالتە ئاي بۇرۇن تۇغۇلغان («لۇقا» 1:26-45نى كۆرۈڭ)؛ لېكىن مەسىھ «ئۇنىڭ بولغىنىدىن ئىلگىرى بولغان».

15:1 مات. 3:11؛ مار. 1:7؛ لۇقا 3:16؛ يـۇھ. 1:26، 30.

16:1 «ھەممىمىز ئۇنىڭدىكى تولۇپ تاشقانلىرىدىن ئىلتىپات ئۈستىگە ئىلتىپات ئالدۇق» ــ مەنىسى بەلكىم «ئۇنىڭدىكى تولۇپ تاشقان مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىلتىپات ئۈستىگە ئىلتىپات ئالدۇق» دېگەنلىكتۇر. 17-ئايەتنى كۆرۈڭ. «ئىلتىپات ئۈستىگە ئىلتىپات» دېگەن ئىبارە مۇسانىڭ «مىس.» 33:3دە ئېيتقان سۆزىدىن ئېلىنغان.

16:1 كول. 2:10.

17:1 «مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەت ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى» ــ «مەسىھ» بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىن ئېيتىشىچە، خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، ھامان بىر كۈنى كېلىپ مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھنى ۋە قۇتقۇزغۇچى-نىجاتكارنى كۆرسىتىدۇ. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭلار.

17:1 مىس. 20:1.

18:1 «ئاتىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغۇچى، يەنى بىردىنبىر ئوغۇل ئۇنى ئايان قىلدى» ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئاتىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغۇچى، يەنى ئۆزى بىردىنبىر خۇدا بولغۇچى ئۇنى ئايان قىلدى» دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى ۋارىيانتنىڭ ئەھمىيەتتە چوڭ پەرقى يوق (1:1-4نى كۆرۈڭ. «خۇدانىڭ ئوغلى»دا نېمىلا بولمىسۇن خۇدالىق تەبىئىتى باردۇر.

18:1 مىس. 33:20؛ قان. 4:12؛ مات. 11:27؛ يـۇھ. 6:46؛ 1تىم. 6:16؛ 1يۇھ. 4:12.

**ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ ئۇلارغا جاۋابەن بەرگەن گۇۋاھلىقى مۇنداق ئىدى:**
**20 ئۇ ئېتىراپ قىلىپ، ھېچ ئىككىلەنمەي: ــ «مەن مەسىھ ئەمەسمەن»**
**ــ دەپ ئېنىق ئېتىراپ قىلدى.**
**21 ئۇلار ئۇنىڭدىن:**
**ئۇنداقتا ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ ئىلياس پەيغەمبەرمۇسەن؟ ــ دەپ**
**سورىدى.**
**ياق، مەن ئۇ ئەمەسمەن، ــ دېدى ئۇ.**
**ئەمىسە، سەن ھېلىقى پەيغەمبەرمۇسەن؟ ــ دەپ سورىدى ئۇلار.**
**ئۇ يەنە: ــ ياق! ــ دېدى.**
**22 شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭدىن:**
**ئۇنداقتا، سەن زادى كىم بولىسەن؟ بىزنى ئەۋەتكەنلەرگە جاۋاب**
**بېرىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە ئېيتقىن، ئۆزۈڭ توغرۇلۇق نېمە دەيسەن؟**
**ــ دەپ سورىدى.**
**23 يەھيا مۇنداق جاۋاب بەردى:**
**يەشايا پەيغەمبەر بۇرۇن ئېيتقاندەك، چۆلدە «رەبنىڭ يولىنى تۈز**

---

**19:1 «يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىيلار»** ــ بەلكىم يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. **«سەن كىمسەن؟»** ــ بۇ سوئالنىڭ «سەن ئۆزۈڭ توغرۇلۇق نېمە دەيسەن؟ پەيغەمبەرمۇسەن ياكى خۇدا ئەۋەتىدىغان مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىمۇسەن» دېگەندەك ئىچكى مەنىسى بار ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئىشىنىشكە تەييار ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، «مات.» 21:25-25نى كۆرۈڭ. **«كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار»** ــ «كاھىنلار» ئىبادەتخانىدا قۇربانلىق خىزمىتىنى قىلغۇچىلار ئىدى؛ «لاۋىيلار» («لاۋىي» قەبىلىسىدىن بولغانلار) كاھىنلارغا ياردەمچى رولدا ئىدى. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**19:1** يـۇھ. 33:5.

**20:1 «ئۇ ئېتىراپ قىلىپ، ھېچ ئىككىلەنمەي... دەپ ئېنىق ئېتىراپ قىلدى»** ــ «ھېچ ئىككىلەنمەي» گرېك تىلىدا «ئىنكار قىلماي» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**20:1** يـۇھ. 28:3؛ روس. 25:13.

**21:1 «سەن ھېلىقى پەيغەمبەرمۇسەن؟»** ــ بۇ سوئال مۇسا پەيغەمبەر ئالدىنئالا ئېيتقان، ئۆزىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان، شۇنداقلا ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرغان پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ («قان.» 22-15:18). ئەمەلىيەتتە بولسا، مۇسانىڭ «شۇ پەيغەمبەر» توغرۇلۇق بېشارىتى مەسىھنىڭ ئۆزىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

**قىلىڭلار» دەپ توۋلايدىغان ئاۋازدۇرمەن!**
**[24-25] ئەمدى يېرۇسالېمدىن ئەۋەتىلگەنلەر پەرىسىيلەردىن ئىدى. ئۇلار**
**يەنە يەھيادىن:**
**سەن يا مەسىھ، يا ئىلياس ياكى ھېلىقى پەيغەمبەر بولمىساڭ، نېمە**
**دەپ كىشىلەرنى سۇغا چۆمۈلدۈرىسەن؟ ــ دەپ سورىدى.**
**[26] يەھيا ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:**
**مەن كىشىلەرنى سۇغىلا چۆمۈلدۈرىمەن، لېكىن ئاراڭلاردا تۇرغۇچى**
**سىلەر تونۇمىغان بىرسى بار؛ [27] ئۇ مەندىن كېيىن كەلگۈچى بولۇپ،**
**مەن ھەتتا ئۇنىڭ كەشىنىڭ بوغقۇچىنى يېشىشكىمۇ لايىق**
**ئەمەسمەن!**
**[28] بۇ ئىشلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قېتىدىكى بەيت-ئانيا**

---

23:1 **«يەشايا پەيغەمبەر بۇرۇن ئېيتقاندەك، چۆلدە «رەبنىڭ يولىنى تۈز قىلىڭلار» دەپ توۋلايدىغان ئاۋازدۇرمەن!»** ــ يەشايا ئۆز كىتابىدىكى 3:40-ئايەتتە بايان قىلغان «پەرۋەردىگارنىڭ يولى» ياكى «رەبنىڭ يولى» بولسا، قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ يولىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، يەھيانىڭ خىزمىتى رەب ئەيسا ئۈچۈن توۋا قىلدىغان خەلقنى تەييارلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ھەتتا كەمتەرلىك بىلەن ئۆزى توغرۇلۇق «مەن پەيغەمبەر» دېمەيدۇ، «مەن ناھايىتى بىر ئاۋازمەن، خالاس» دەيدۇ.

**23:1** يەش. 3:40؛ مات. 3:3؛ مار. 3:1؛ لۇقا 4:3.

24:1-25 **«يېرۇسالېمدىن ئەۋەتىلگەنلەر پەرىسىيلەردىن ئىدى»** ــ «پەرىسىيلەر» يەھۇدىي دىنىغا تەۋە بولغان، تەۋرات تۈزۈملىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىشقا تىرىشىدىغان مەزھەپتىكى كىشىلەر. **«نېمە دەپ كىشىلەرنى سۇغا چۆمۈلدۈرىسەن؟»** ــ يەھۇدىي خەلقى ئارىسىدىكى «رابىيلار» (ئۇستازلار) خېلى بۇرۇن مۇنداق بىر ئادەت بېكىتكەنىكى، ئەگەر بۇتپەرەس مىللەتلەر («يات ئەللەر»)دىن بولغانلار «تەۋرات-زەبۇر ئېتىقادى»نى قوبۇل قىلاي دېسە، ئاۋۋال خەتنە قىلىنىشى، ئاندىن نىرخىل «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلىشى كېرەك. لېكىن ھازىر «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلىشى كېرەك بولغانلار بۇتپەرەس «يات ئەللەر» ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى قوبۇل قىلىشى كېرەك!
—يەھيا پەيغەمبەر يۈرگۈزگەن «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش» كىشىلەرنىڭ ئۆز گۇناھلىرىغا بولغان ئىقرار-توۋىسىنى، شۇنداقلا قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ كېلىشىگە بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلەش يولى ئىدى (مەسىلەن، «مات.» 2:3-12نى كۆرۈڭ).

**24:1-25** قان. 18:18.

**26:1** مات. 11:3؛ مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ روس. 5:1؛ 16:11؛ 4:19.

يېزىسىدا، يەنى يەھيا پەيغەمبەر كىشىلەرنى سۇغا چۆمۈلدۈرۈۋاتقان
يەردە يۈز بەرگەنىدى.

## خۇدانىڭ قوزىسى

[29] ئەتىسى، يەھيا ئەيسانىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
مۇنداق دېدى:
مانا، پۈتكۈل دۇنيانىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلايدىغان خۇدانىڭ
قوزىسى! [30] مانا، مەن سىلەرگە: «مەندىن كېيىن كەلگۈچى بىرسى
بار، ئۇ مەندىن ئۈستۈندۇر، چۈنكى ئۇ مەن دۇنيادا بولۇشتىن
بۇرۇنلا بولغانىدى» دېگىنىم دەل مۇشۇ كىشىدۇر! [31] مەن بۇرۇن
ئۇنى بىلمىسەممۇ، لېكىن ئۇنى ئىسرائىلغا ئايان بولسۇن دەپ،
كىشىلەرنى سۇغا چۆمۈلدۈرگىلى كەلدىم.
[32] يەھيا يەنە گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دېدى:
مەن روھنىڭ پاختەك ھالىتىدە ئاسماندىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
قونغانلىقىنى كۆردۈم. [33] مەن ئەسلىدە ئۇنى بىلمىگەنىدىم؛ لېكىن
مېنى كىشىلەرنى سۇغا چۆمۈلدۈرۈشكە ئەۋەتكۈچى ماڭا: «سەن
روھنىڭ چۈشۈپ، كىمنىڭ ئۈستىگە قونغانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇ

---

29:1 **«پۈتكۈل دۇنيانىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلايدىغان...»** ــ گرېك تىلىدا «پۈتكۈل دۇنيانىڭ گۇناھىنى ئېلىپ تاشلايدىغان ...». **«پۈتكۈل دۇنيانىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلايدىغان خۇدانىڭ قوزىسى!»** ــ تەۋراتتىكى قۇربانلىقلار مەسىھ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەڭ ئاخىرقى «قۇربانلىق قوزا»دۇر. بۇ توغرۇلۇق «يار.» 22:7-8، «مىس.» 12:1-3، «يەش.» 7:53 ۋە تەۋراتتىكى باشقا يەرلەردە بېشارەت بېرىلگەن.

**29:1** يەش. 5:53، 7؛ يـۇھ. 36:1.

30:1 **«مەندىن كېيىن كەلگۈچى بىرسى بار، ئۇ مەندىن ئۈستۈندۇر، چۈنكى ئۇ مەن دۇنيادا بولۇشتىن بۇرۇنلا بولغانىدى»** ــ دېمىسەكمۇ، يەھيا پەيغەمبەر ئەيسا مەسىھتىن ئالتە ئاي بۇرۇن تۇغۇلغان («لۇقا» 26:1-45نى كۆرۈڭ)؛ لېكىن مەسىھ «ئۇنىڭ بولغىنىدىن ئىلگىرى بولغان»

32:1 **«مەن روھنىڭ پاختەك ھالىتىدە ئاسماندىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قونغانلىقىنى كۆردۈم»** ــ «روھ» ــ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى.

**32:1** مات. 16:3؛ مار. 10:1؛ لۇقا 22:3.

كىشىلەرنى مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرگۈچى بولىدۇ!» دېگەنىدى.
[34] مەن دەرۋەقە شۇ ئىشنى كۆردۇم، شۇڭا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ
ئوغلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردىم!

## ئەيسانىڭ دەسلەپكى مۇخلىسلىرى

[35] ئەتىسى، يەھيا ئىككى مۇخلىسى بىلەن يەنە شۇ يەردە تۇراتتى. [36] ئۇ
ئۇ يەردىن مېڭىپ كېتىۋاتقان ئەيسانى كۆرۈپ:
قاراڭلار! خۇدانىڭ قوزىسى! ــ دېدى. [37] ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان
ئىككى مۇخلىس ئەيسانىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. [38] ئەيسا كەينىگە
بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن:
نېمە ئىزدەيسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇلار:
راببى (بۇ ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ، «ئۇستاز» دېگەن مەنىدە)، قەيەردە
تۇرىسەن؟ ــ دېدى.
[39] ــ بېرىپ كۆرۈڭلار، ــ دېدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بېرىپ ئۇنىڭ
قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇردى
(بۇ ۋاقىت شۇ كۈنىنىڭ ئونىنچى سائىتى ئىدى).

---

33:1 **مېنى كىشىلەرنى سۇغا چۆمۈلدۈرۈشكە ئەۋەتكۈچى** ــ «يەھيانى سۇغا چۆمۈلدۈرۈشكە ئەۋەتكۈچى» ــ خۇدادۇر. **«سەن روھنىڭ چۈشۈپ، كىمنىڭ ئۈستىگە قونغانلىقىنى كۆرسەڭ،...»** ــ «روھ» ــ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى. **«سەن روھنىڭ چۈشۈپ، كىمنىڭ ئۈستىگە قونغانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇ كىشىلەرنى مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرگۈچى بولىدۇ!»** ــ يەھيانىڭ مۇشۇ گۇۋاھلىقى مەسىھنى كۆرسىتىدۇ؛ چۈنكى مەسىھ مۇقەددەس روھنى تۆكۈشى بىلەن نىجات ئېلىپ كېلىدىغان «يېڭى ئەھدە»نى تۈزگۈچىدۇر («يەر.» 31:31-34، «ئەز.» 36:25-27، «يەش.» 32:15-20 ۋە باشقىلار).

34:1 **«خۇدانىڭ ئوغلى»** ــ بۇ نام ھەرگىزمۇ خۇدا بىلەن ئەيسا ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي جەھەتتىكى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.
—«خۇدانىڭ ئوغلى» بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە «خۇدانىڭ تاللىغىنى» دېيىلىدۇ.

**36:1** يەش. 7:53؛ يـۇھ. 29:1؛ روس. 32:8

39:1 **«ئونىنچى سائەت»** ــ يۇھاننا بايانىدا «رىم ۋاقتى»نى ئىشلىتىدۇ (بۇنىڭغا ئىسپات بار). شۇڭا بۇ ۋاقىت ئەتىگەن سائەت ئون بولسا كېرەك.

40 يەھيا پەيغەمبەرنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەيسانىڭ كەينىدىن
ماڭغان ئىككىيلەننىڭ بىرى سىمون پېترۇسنىڭ ئىنىسى ئاندرىياس
ئىدى. 41 ئاندرىياس ئاۋۋال ئۆز ئاكىسى سىمونىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا:
بىز «مەسىھ»نى تاپتۇق! ــ دېدى («مەسىھ» ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ،
گرېك تىلىدا «خرىستوس» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ) 42 ۋە ئاكىسىنى
ئەيسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئەيسا ئۇنىڭغا قاراپ:
سەن يۇنۇسنىڭ ئوغلى سىمون؛ بۇنىڭدىن كېيىن «كىفاس» دەپ
ئاتىلىسەن، ــ دېدى (مەنىسى «تاش»تۇر).

## فىلىپ ۋە ناتانىيەلنىڭ چاقىرتىلىشى

43 ئەتىسى، ئەيسا گالىلىيە ئۆلكىسىگە يول ئالماقچى ئىدى. ئۇ
فىلىپنى تېپىپ، ئۇنىڭغا:
ماڭا ئەگىشىپ ماڭ! ــ دېدى 44 (فىلىپ بەيت-سائىدالىق بولۇپ،
ئاندرىياس بىلەن پېترۇسنىڭ يۇرتدىشى ئىدى). 45 فىلىپ ناتانىيەلنى
تېپىپ، ئۇنىڭغا:

مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ يازمىلىرىد

---

**41:1 ««مەسىھ» ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ، گرېك تىلىدا «خرىستوس» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ»** ــ «خرىستوس» دەرۋەقە گرېك تىلىدا «مەسىھ قىلىنغان»، «ماي سۈرۈلگەن» دېگەن مەنىدە. كېيىن، دۇنياۋى ئېتىقادچى جامائەتنىڭ بەزلىرى ئەيسانى «ئەيسا مەسىھ»، باشقا بەزلىرى (گرېك تىلىدىكى تەلەپپۇزغا ئەگىشىپ) «يەيسۇس خرىستوس» دەيدۇ. يەھۇدىي ئېتىقادچىلار: «يەشۇئا مېشىياھ» دەيدۇ.

**42:1 «سەن يۇنۇسنىڭ ئوغلى سىمون»** ــ «يۇنۇس» گرېك تىلىدا «يوناھ». بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «يۇھاننا» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. **«كېيىن «كىفاس» دەپ ئاتىلىسەن»** ــ «كىفاس» ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ، گرېك تىلىدا «پېترۇس» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ؛ لېكىن «كىفاس» ئىبرانىي تىلىدا ھەر تۈرلۈك تاشنى بىلدۈرىدۇ، «پېتروس» گرېك تىلىدا ھەرخىل كىچىك تاشنى بىلدۈرىدۇ.

**42:1** مات. 18:16.

**44:1** يـۇھ. 21:12.

بېشارەت قىلىپ يازغان زاتنى تاپتۇق. ئۇ بولسا يۇسۇپنىڭ ئوغلى
ناسارەتلىك ئەيسا ئىكەن! ــ دېدى.
46 بىراق ناتانىيەل:
ناسارەت دېگەن جايدىن ياخشى بىرنېمە چىقامدۇ؟! ــ دېدى.
كېلىپ كۆرۈپ باق! ــ دېدى فىلىپ.
47 ئەيسا ناتانىيەلنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ
توغرۇلۇق:
مانا، ئىچىدە قىلچە ھىيلە-مىكرىسى يوق ھەقىقىي بىر
ئىسرائىللىق! ــ دېدى.
48 ناتانىيەل: ــ مېنى قەيېرىمدىن بىلدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.
ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ــ فىلىپ سېنى چاقىرىشتىن ئاۋۋال،
سېنىڭ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانلىقىڭنى كۆرگەنىدىم،
ــ دېدى.
49 ناتانىيەل جاۋابەن: ــ ئۇستاز، سەن خۇدانىڭ ئوغلى، ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھىسەن! ــ دېدى.
50 ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:
سېنى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىدە كۆرگەنلىكىمنى ئېيتقانلىقىم
ئۈچۈن ئىشىنىۋاتامسەن؟ بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىشلارنى كۆرىسەن! ــ
دېدى 51 ۋە يەنە:

---

45:1 **«فىلىپ ناتانىيەلنى تېپىپ،...»** ــ «ناتانىيەل» ئىنجىلدىكى باشقا بايانلاردا «بارتولوماي» (تولماينىڭ ئوغلى) دەپ ئېلىنىدۇ.

**45:1** يار. 3:15؛ 22:18؛ 26:4؛ 49:10؛ قان. 18:18؛ 2سام. 12:7؛ يەش. 4:2؛ 7:14؛ 9:5؛ 40:10، 11؛ 53:1-12؛ يەر. 23:5؛ 33:14؛ ئەز. 34:23؛ دان. 9:24؛ زەك. 6:12؛ 9:9.

49:1 **«ئۇستاز»** ــ گرېك تىلىدا «رابىي».

بەرھەق، بەرھەق سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، سىلەر ئاسمانلار
ئېچىلىپ، خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ئىنسانئوغلىنىڭ ئۈستىدىن
چىقىپ-چۈشۈپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر! ــ دېدى.

## كانا يېزىسىدىكى توي زىياپىتى

2 [1]ئۈچىنچى كۈنى، گالىلىيەدىكى كانا يېزىسىدا بىر توي بولدى.
ئەيسانىڭ ئانىسى مەريەم ئۇ يەردە ئىدى [2]ھەم ئەيسا ۋە ئۇنىڭ
مۇخلىسلىرىمۇ تويغا تەكلىپ قىلىنغانىدى.
[3]تويدا شاراب تۈگەپ قالغاندا، ئەيسانىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا:
ئۇلارنىڭ شارابلىرى تۈگەپ قاپتۇ، ــ دېدى.
[4]ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ خانىم، مېنىڭ سەن بىلەن نېمە كارىم؟ مېنىڭ
ۋاقتى-سائىتىم تېخى كەلمىدى، ــ دېدى.

---

51:1 **«ئىنسانئوغلى»** ــ مۇقەددەس يازمىلاردا (تەۋراتتا) «ئىنسانئوغلى» دېگەن ئىبارە ئالدىن ئېيتىلغان، دۇنيانى قۇتقۇزۇشقا كېلىدىغان «مەسىھ»نى كۆرسەتكەنىدى (مەسىلەن، «دان.» 13:7-14). تەۋرات-زەبۇر بويىچە، بۇ ئەۋەتىلگۈچىنىڭ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە شان-شەرىپى بىلەن ئەرشتىن چۈشۈپ، پۈتكۈل ئىنسانلارنى مەڭگۈ باشقۇرىدىغانلىقى ئالدىن ئېيتىلغان. ئۇنىڭدىن مۇھىمى، بىزنىڭچە، ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ نامنى ئۆزى ھەققىدە كۆپ ئىشلىتىشى ئۆزىنىڭ تولۇق ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەت بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئەرش تەرىپىدىن ئېيتقاندا ئاجايىب ئىش شۇكى، گەرچە ئۇ ئەزەلدىن «خۇدانىڭ ئوغلى» بولغان بولسىمۇ، ئۇ ھازىر يەنە «ئىنساننىڭ ئوغلى»مۇ ئىدى. «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ. **«سىلەر ئاسمانلار ئېچىلىپ، خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ئىنسانئوغلىنىڭ ئۈستىدىن چىقىپ-چۈشۈپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر!»** ــ مۇشۇ يەردە بىزنىڭچە مەسىھ «يار.» 12:28نى كۆزدە تۇتىدۇ. ھەزرىتى ياقۇپ ئالامەتلىك بىر چۈشنى كۆرگەن. چۈشتە ئۇ يەر ئۈستىدە تۇرۇپ ئاسمانغا يېتىدىغان بىر پەلەمپەينى كۆرگەن، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن «چىقىپ-چۈشۈپ تۇراتتى». دېمەك، ئەيسا مەسىھ ئۆزى دەل شۇ «ئاسمانغا يېتىدىغان پەلەمپەي»دۇر.

**51:1** يار. 12:28.

3:2 **«ئۇلارنىڭ شارابلىرى تۈگەپ قاپتۇ»** ــ مۇشۇنداق ئىش توي ئىگىسىنى چوڭقۇر خىجالەتكە قويۇپلا قالماي، گاھى ئەھۋاللاردا قىز تەرەپتىكىلەر يىگىت تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

4:2 **«خانىم، مېنىڭ سەن بىلەن نېمە كارىم؟»** ــ مەسىھنىڭ بۇ سۆزى بىزنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. نېمىشقا ئەيسا ئۆز ئانىسىغا شۇنداق گەپ قىلىدۇ؟

5 ئانىسى چاكارلارغا:
ئۇ سىلەرگە نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلىڭلار، ــ دېدى.
6 ئەمدى شۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ تاھارەت ئادىتى بويىچە
ئىشلىتىلىدىغان، ھەربىرىگە ئىككى-ئۈچ تۇڭدىن سۇ سىغىدىغان
ئالتە تاش كۈپ قويۇلغانىدى.
7 ئەيسا چاكارلارغا: كۈپلەرگە سۇ تولدۇرۇڭلار، ــ دېدى.
ئۇلار كۈپلەرنى ئاغزىغىچە تولدۇرۇشتى. 8 ئاندىن ئۇ ئۇلارغا يەنە:
ئەمدى بۇنىڭدىن ئۇسۇپ توي باشقۇرغۇچىغا بېرىڭلار، ــ دېدى.
ئۇلار ئۇنى ئاپىرىپ بەردى.
9 توي باشقۇرغۇچى شارابقا ئايلاندۇرۇلغان سۇدىن تېتىپ كۆرگەندە
(ئۇ ئۇنىڭ قەيەردىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمىدى، ئەمما بۇنى
سۇ توشۇغان چاكارلار بىلەتتى) توي باشقۇرغۇچى تويى بولۇۋاتقان
يىگىتنى چاقىرىپ، 10 ئۇنىڭغا:
ھەربىر توي قىلغۇچى ياخشى شارابنى تويىنىڭ بېشىدا قويىدۇ،
ئاندىن مېھمانلار قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، ناچىرىنى قويىدۇ.
ئەجەبا، سەن ياخشى شارابنى مۇشۇ چاغقىچە ساقلاپسەن! ــ دېدى.

---

—مەريەم ئۆز ئوغلىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ بەلكىم: «بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭ ئانىسى، چوقۇم مېنىڭ تەلىپىمنى ئورۇنلىشى كېرەك» دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئىچىدە بىزنىڭ خۇدانىڭ مەلۇم ئادىمى بىلەن بولغان بىرەر «جىسمانىي مۇناسىۋەت»نىڭ ھېچقانداق ئىناۋىتى يوقتۇر؛ پەقەت خۇدانىڭ مەسىھدە بولغان مېھىر-شەپقىتىگە ئىمان-ئىشەنچ باغلىساق، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. مەريەمنىڭ خاپا بولماسلىقى ۋە 5-ئايەتتىكى ئىمانلىق سۆزلەرنى ئېيتىشى ئۇنىڭ بۇ مۇھىم نۇقتىنى ئوبدان چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. **«مېنىڭ ۋاقتى-سائىتىم تېخى كەلمىدى»** ــ «مېنىڭ ۋاقتى-سائىتىم» دېگەن ئىبارە ئادەتتە مەسىھنىڭ ئۆلۈمى، تىرىلىشى ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ. كۆزدە تۇتۇلغىنى ئەيسانىڭ بۇ ئىشلار ئارقىلىق «ئۇلۇغلاندۇرۇلۇشى»دۇر ــ 23:12، 27، 28، 31نى كۆرۈڭ. شۇڭا مۇشۇ يەردە بەلكىم «مەن ئاشكارە قىلىنىدىغان ۋاقىت تېخى كەلمىدى» دېگەندەك مەنىدە بولۇشى مۇمكىن. «يۇھ.» 4:21، 23، 5:25، 28، 29، 7:30، 8:20، 12:23، 27، 28، 31، 13:31، 16:26، 17:1نى كۆرۈڭ.

6:2 **«ئىككى-ئۈچ تۇڭ»** ــ گرېك تىلىدا «ئىككى-ئۈچ «مېترېت»». ھەربىر كۈپكە 80-100 لىتر سۇ سىغىدۇ، جەمئىي 480-720 لىتر سۇ بار ئىدى.

[11] بۇ بولسا، ئەيسا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنىڭ
دەسلەپكىسى بولۇپ، گالىلىيەنىڭ كانا يېزىسىدا كۆرسىتىلگەنىدى.
بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى ئايان قىلدى، ۋە ئۇنىڭ
مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى. [12] بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ،
ئانىسى، ئىنىلىرى ۋە مۇخلىسلىرى بىلەن كەپەرناھۇم شەھىرىگە
چۈشۈپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردى.

## سودا-سېتىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىبادەتخانىدىن قوغلىنىشى

مات. 21:12-13؛ مار. 11:15-17؛ لۇقا 19:45-46

[13] يەھۇدىيلارنىڭ «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»غا يېقىن قالغاندا، ئەيسا
يېرۇسالېمغا باردى. [14] ئۇ ئىبادەتخانا ھويلىلىرىدا كالا، قوي ۋە كەپتەر-
پاختەك ساتقۇچىلارنى ھەم ئۇ يەردە ئولتۇرغان پۇل تېگىشكۈچىلەرنى
كۆردى. [15] ئۇ تانىدىن قامچا ياساپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوي-

11:2 **«بۇ بولسا، ئەيسا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنىڭ دەسلەپكىسى بولۇپ...»** — «يۇھاننا»دا ئالاھىدە خاتىرىلەنگەن «مۆجىزىلىك ئالامەت» ياكى «مۆجىزىلىك بەلگە»لەر جەمئىي يەتتە بولۇپ، ھەربىرى ئەيسا مەسىھنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىدىن بىر تەرىپىنى كۆرسىتىدىغان مۆجىزىدۇر. **«بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى ئايان قىلدى، ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى»** — «ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى» دېيىلگىنى بىلەن، كېيىنكى نۇرغۇن ئىشلار مۇخلىسلارنىڭ بۇ ئېتىقادىنىڭ مۇقىم ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن نازۇك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەلۋەتتە.

13:2 **«ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»** — («پاسخا» ھېيتى) — بۇ يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكلىشى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مىسىردىكى قۇللۇق ھاياتىدىن قۇتۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ھېيتى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىي ئەرلەرنىڭ ھەممىسى يېرۇسالېمغا بېرىپ، ئىبادەتخانىدا قۇربانلىقلىرىنى سويۇپ، ھېيتنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. «مىس.» 12-بابنى كۆرۈڭ.

14:2 **«ئىبادەتخانا»** — پەقەت يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىبادەتخانىنى سۇلايمان پادىشاھ بىرىنچى بولۇپ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 950-يىلى قۇرغانىدى؛ ئاندىن يەھۇدىيلار پارس ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن بولۇشتىن قايتىپ كەلگەندە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 520-يىلى قايتا قۇرغانىدى. بۇ ئىبادەتخانىنى ھىرود پادىشاھ بۇرۇنقىدىنمۇ ھەيۋەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىققانىدى. خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە، پەقەت يېرۇسالېمدىكى بۇ ئىبادەتخانىدىلا قۇربانلىق قىلىشقا بولاتتى. **«كالا، قوي ۋە كەپتەر-پاختەك»** — بۇلارنى قۇربانلىقلار ئۈچۈن ساتاتتى.

**14:2** مات. 12:21؛ مار. 15:11؛ لۇقا 45:19.

كالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئىبادەتخانىدىن ھەيدەپ چىقاردى. پۇل
تېگىشكۈچىلەرنىڭ پۇللىرىنى چېچىپ، شىرەلىرىنى ئۆرۈۋەتتى [16] ۋە
پاختەك-كەپتەر ساتقۇچىلارغا:
بۇ نەرسىلەرنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىش! ئاتامنىڭ ئۆيىنى سودا-
سېتىق ئۆيى قىلىشىۋالما! ــ دېدى.
[17] بۇنى كۆرگەن مۇخلىسلىرى زەبۇردا مۇنداق پۈتۈلگىنىنى ئېسىگە
ئېلىشتى:

«سېنىڭ مۇقەددەس ئۆيۈڭگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم ئۆزۈمنى
چۇلغىۋالدى!».

[18] شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئۇ ئىشلارغا ئىنكاس بىلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن:
بۇنداق ئىشلارنى قىلغانىكەنسەن، قېنى، بىزگە نېمە مۆجىزىلىك
ئالامەتنى كۆرسىتىپ بېرىسەن؟! ــ دەپ سورىدى.
[19] ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:
ئۇشبۇ ئىبادەتخانىنى چۇۋۇۋەتسەڭلار، مەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنى
يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىمەن، ــ دېدى.
[20] شۇنىڭ بىلەن بۇ يەھۇدىيلار يەنە ئۇنىڭغا:

---

16:2 **«ئاتامنىڭ ئۆيىنى سودا-سېتىق ئۆيى قىلىشىۋالما!»** ــ «زەك.» 14:20-21نى كۆرۈڭ.

17:2 **«سېنىڭ مۇقەددەس ئۆيۈڭگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم ئۆزۈمنى چۇلغىۋالدى!»** ــ «زەب.» 69:9نى كۆرۈڭ.

**17:2** زەب. 69:9

**18:2** مات. 12:38؛ 16:1؛ مار. 8:11؛ لۇقا 11:29؛ يـۇھ. 6:30.

19:2 **«ئۇشبۇ ئىبادەتخانىنى چۇۋۇۋەتسەڭلار، مەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىمەن»** ــ ئەيسا ئېيتقان بۇ ئالامەت ئۇ كېيىن ئېيتقان «يۇنۇس پەيغەمبەردە كۆرۈلگەن ئالامەت-كارامەت»كە ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ (مەسىلەن، «مات.» 12:39نى كۆرۈڭ).

**19:2** مات. 26:61؛ 27:40؛ مار. 14:58؛ 15:29.

بۇ ئىبادەتخانىنى ياساۋاتقىلى ھازىرغىچە قىرىق ئالتە يىل بولغان
تۇرسا، سەن ئۇنى قانداقسىگە ئۈچ كۈندىلا قۇرۇپ چىقالايسەن؟! ــ
دېدى. [21]ھالبۇكى، ئۇنىڭ «ئىبادەتخانا» دېگىنى ئۇنىڭ ئۆز تېنىنى
كۆرسەتكەنىدى. [22]شۇڭا، ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن،
مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ بۇ دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى ۋە شۇنداقلا
مۇقەددەس يازمىلاردىكى بۇ ھەقتىكى بېشارەتكە ھەمدە ئەيسانىڭ
ئېيتقان سۆزىگە ئىشەندى.
[23]ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ يېرۇسالېمدا
كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نامىغا
ئېتىقاد قىلىشتى. [24]لېكىن ئەيسا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ قەلبىنىڭ
قانداق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزىنى ئۇلارغا تاپشۇرمايتتى.
[25]ئىنسان توغرۇلۇق ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ
ھاجىتى يوق ئىدى؛ چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە نېمە بار
ئىكەنلىكىنى ئۆزى بىلەتتى.

## قايتىدىن تۆرىلىش

3 [1]يەھۇدىيلار كېڭەشمىسىنىڭ پەرىسىيلەردىن بولغان نىكودىم
ئىسىملىك بىر يولباشچىسى بار ئىدى. [2]بۇ ئادەم بىر كېچىسى
ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ:
ئۇستاز، سىنىڭ خۇدادىن كەلگەن تەلىم بەرگۈچى ئىكەنلىكىڭنى
بىلىمىز. چۈنكى خۇدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولمىسا، ھېچكىمنىڭ

---

**22:2** لۇقا 8:24.

24:2 **«لېكىن ئەيسا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ قەلبىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزىنى ئۇلارغا تاپشۇرمايتتى»** ــ بۇ باياندىن «خۇش خەۋەر»دىكى ئاخىرقى مەقسەتنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارغا بەخت-بەرىكەت ئەمەس، بەلكى **ئۆزىنى** ئاتا قىلىشنى ياكى «تاپشۇرۇش»نى خالايدۇ. لېكىن ئىنسان ئۆزى تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىسە، تېخى كونا گۇناھىي تەبىئەتتە بولسا، «ئۆزىنى تاپشۇرۇش» قەتئىي مۇمكىن بولمايتتى. ھەربىر ئىنسان روھتا «قايتا تۇغۇلۇشى» كېرەك ــ بۇ 3-بابنىڭ چوڭ تېمىسىدۇر.

**25:2** 1سام. 7:16؛ 1تار. 9:28؛ زەب. 9:7؛ 14:103؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20؛ يۇھ. 64:6.

سەن كۆرسەتكەن بۇ مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسىتىشى قەتئىي
مۇمكىن ئەمەس، ــ دېدى.
3 ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:
بەرھەق، بەرھەق، مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھېچكىم
يۇقىرىدىن تۇغۇلمىغىچە، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى كۆرەلمەس! ــ
دېدى.
4 نىكودىم:
ئادەم قېرىغىنىدا قانداقمۇ قايتىدىن تۇغۇلسۇن؟ ئانىسىنىڭ
قورسىقىغا قايتا كىرىپ تۇغۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟! ــ دەپ سورىدى.
5 ئەيسا مۇنداق جاۋاب بەردى:
بەرھەق، بەرھەق، مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھەم سۇدىن، ھەم
روھتىن تۇغۇلمىغىچە، ھېچكىم خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلمەس!
6 ئەتتىن تۇغۇلغان بولسا ئەتتۇر؛ روھتىن تۇغۇلغان بولسا روھتۇر.
7 ساڭا: «يۇقىرىدىن تۇغۇلۇشۇڭلار كېرەك» دېگىنىمگە ھەيران قالما.
8 شامال خالىغان تەرەپكە سوقىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايسەن،
لېكىن قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە بارىدىغىنىنى بىلمەيسەن. روھتىن
تۇغۇلغان ھەربىرىمۇ شۇنداقتۇر.
9 نىكودىم يەنە جاۋابەن ئەيساغا: بۇ ئىشلار قانداقمۇ مۇمكىن بولار؟ ــ دېدى.

---

2:3 **«ئۇستاز»** ــ ئىبرانيي تىلدا «رابىي»، «ئۇستاز» دېگەن مەنىدە.

2:3 يۇھ. 7:50؛ 9:16، 33؛ 19:39؛ روس. 10:38.

3:3 **«ھېچكىم يۇقىرىدىن تۇغۇلمىغىچە، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى كۆرەلمەس!»** ــ «يۇقىرىدىن» دېگەن سۆز گرېك تىلىدا يەنە «قايتىدىن» دېگەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ ۋە شۈبھىسىزكى، مۇشۇ يەردە **بۇ ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.**

5:3 تىت. 3:5.

6:3 رىم. 8:5.

8:3 **«شامال خالىغان تەرەپكە سوقىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايسەن، لېكىن قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە بارىدىغىنىنى بىلمەيسەن. روھتىن تۇغۇلغان ھەربىرىمۇ شۇنداقتۇر»** ــ گرېك تىلىدا «شامال» ۋە «روھ» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
—ئەيسانىڭ بۇ ئايەتتىكى كۆچلۈك سۆزلىرىنى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە بىر-بىرلەپ شەرھلەيمىز.

**10 ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:**
**«سەن ئىسرائىلنىڭ ئۆلىماسى تۇرۇپ، بۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ 11 بەرھەق،**
**بەرھەق، مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بىز بىلگىنىمىزنى**
**ئېيتىمىز ۋە كۆرگىنىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىمىز، لېكىن سىلەر بىزنىڭ**
**گۇۋاھلىقىمىزنى قوبۇل قىلمايسىلەر. 12 سىلەرگە زېمىندىكى**
**ئىشلارنى ئېيتسام ئىشەنمىگەن يەردە، ئەرشتىكى ئىشلارنى**
**ئېيتسام قانداقمۇ ئىشىنىسىلەر؟ 13 ئۆزى ئەرشتە بولۇپ، ئەرشتىن**
**چۈشكۈچىدىن، يەنى ئىنسانئوغلىدىن باشقا ھېچكىم ئەرشكە**
**چىقمىدى. 14 مۇسا چۆلدە تۈچ يىلاننى كۆتۈرگەندەك، ئىنسانئوغلىمۇ**
**ئوخشاشلا شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈلۈشى كېرەك. 15 شۇنداق بولغاندا،**
**ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك**

---

10:3 **«سەن ئىسرائىلنىڭ ئۆلىماسى»** ــ بۇ سۆز بەلكىم نىكودىمنىڭ ئىسرائىل ئىچىدە سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى تەۋرات ئۇستازى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

11:3 **«بىز بىلگىنىمىزنى ئېيتىمىز ۋە كۆرگىنىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىمىز، لېكىن سىلەر بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىزنى قوبۇل قىلمايسىلەر»** ــ نېمىشقا ئەيسا نىكودىمغا شۇنچە ئېغىر تەنبىھ بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ باياندىن ئىككى مۇھىم سوئال چىقىدۇ: «بىز» كىم؟، «سىلەر» كىم؟ بۇلار توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**11:3** يـۇھ. 32:3؛ 16:7؛ 28:8؛ 49:12؛ 24:14.

13:3 **«ئۆزى ئەرشتە بولۇپ، ئەرشتىن چۈشكۈچىدىن، يەنى ئىنسانئوغلىدىن باشقا ھېچكىم ئەرشكە چىقمىدى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئۆزى ئەرشتە بولۇپ» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ.

**13:3** يـۇھ. 62:6؛ ئەف. 9:4.

14:3 **«مۇسا چۆلدە تۈچ يىلاننى كۆتۈرگەندەك، ئىنسانئوغلىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈلۈشى كېرەك»** ــ ئوقۇرمەنلەر تىلغا ئېلىنغان بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى «چۆل.» 4:21-9دە تاپالايدۇ. ئىسرائىللار گۇناھ سادىر قىلغاندا، خۇدا ئۇلارغا تەربىيە بېرىش ئۈچۈن ئارىسىغا يىلانلارنى ئەۋەتكەن. يىلانلار نۇرغۇن ئادەملەرنى چاققان، مۇسا خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن تۈچتىن بىر يىلان ياساپ، ئۇنى ھاسىغا بېكىتىپ، ھاسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىسرائىلنىڭ بارگاھىنى ئايلىنىپ ماڭغان. يىلانلارنىڭ زەھىرىدىن ئۆلەي دەپ قالغانلار ئەگەر ئىمان بىلەن شۇ تۈچ يىلانغا قارىسا ساقايغان.

—بۇ ۋەقە ئەيسانىڭ كرېستتە كۆتۈرۈلۈشىگە بېشارەت بولىدۇ. گۇناھىدىن ئۆلەي دېگەنلەر ئەيساغا ئىمان بىلەن قارىسا (ئەيسا بىز ئۈچۈن گۇناھنىڭ ئۆزى قىلىنغان، «2كور.» 21:5) گۇناھتىن ساقايتىلىدۇ ــ دېمەك، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

**14:3** چۆل. 9:21؛ 2پاد. 4:18؛ يـۇھ. 28:8؛ 32:12.

ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ».
16 چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيىدۇكى،
ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى پىدا بولۇشقا بەردى. مەقسىتى،
ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىرىنىڭ ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك
ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر. 17 خۇدا ئوغلىنى دۇنيادىكى
ئىنسانلارنى گۇناھقا بېكىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇ
ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن دۇنياغا ئەۋەتتى. 18 كىمكى ئۇنىڭغا
ئېتىقاد قىلغۇچى بولسا، گۇناھقا بېكىتىلمەيدۇ؛ لېكىن ئېتىقاد
قىلمىغۇچى بولسا ئاللىقاچان گۇناھقا بېكىتىلگەندۇر؛ چۈنكى ئۇ
خۇدانىڭ يەككە-يېگانە ئوغلىنىڭ نامىغا ئېتىقاد قىلمىغان. 19 ۋە
گۇناھقا بېكىتىش سەۋەبى مانا شۇكى، نۇر دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ،
ئىنسانلار نۇرنى ئەمەس، بەلكى قاراڭغۇلۇقنى ياخشى كۆردى؛ چۈنكى
ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى رەزىل ئىدى. 20 چۈنكى رەزىللىك قىلغۇچى
ھەربىرى نۇرنى يامان كۆرۈپ ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ
ئاشكارا قىلىنماسلىقى ئۈچۈن نۇرغا كەلمەيدۇ؛ 21 لېكىن ھەقىقەتنى
يۈرگۈزگۈچى بولسا، ئەمەللىرىنى خۇداغا تايىنىپ قىلغانلىقى ئايان
بولسۇن دەپ، نۇرغا كېلىدۇ.

---

15:3 **«شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ»** — بۇ كىمنىڭ سۆزى؟ مەسىھنىڭ سۆزلىرى بەلكىم 15-ئايەتتە توختايدۇ. 16-21-ئايەتلەرنى روسۇل يۇھاننا مۇقەددەس روھنىڭ تۈرتكە-يوليورۇقى بىلەن يازغان، دەپ ئىشىنىمىز.

**15:3** يۇھ. 15:3.

16:3 **«شۇ قەدەر سۆيىدۇكى،...»** — گرېك تىلىدا يەنە «شۇ يول بىلەن سۆيىدۇكى،...» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**16:3** يۇھ. 36:3؛ لۇقا 10:19؛ رىم. 8:5؛ 31:8؛ 1يۇھ. 9:4؛ 10:5.

**17:3** لۇقا 56:9؛ يۇھ. 39:9؛ 47:12؛ 1يۇھ. 14:4.

**18:3** يۇھ. 24:5؛ 40:6، 47؛ 31:20.

**19:3** يۇھ. 5:1.

21:3 **«خۇداغا تايىنىپ قىلغانلىقى»** — گرېك تىلىدا «خۇدادا قىلغانلىقى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ

**21:3** ئەف. 13:5، 8.

## يەھيا پەيغەمبەر يەنە گۇۋاھلىق بېرىدۇ

22 بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئەيسا مۇخلىسلىرى بىلەن يەھۇدىيە زېمىنىغا
باردى؛ ئۇ ئۇ يەردە ئۇلار بىللە تۇرۇپ، كىشىلەرنى چۆمۈلدۈردى.
23 شۇ چاغدا يەھيا پەيغەمبەرمۇ سالىم يېزىسىنىڭ يېنىدىكى ئاينون
دېگەن يەردە كىشىلەرنى چۆمۈلدۈرۈۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ سۈيى
مول ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشىپ، چۆمۈلدۈرۈشنى
قوبۇل قىلىشاتتى 24 (چۈنكى شۇ چاغدا يەھيا تېخى زىندانغا
تاشلانمىغانىدى).
25 شۇ ۋاقىتلاردا يەھيانىڭ مۇخلىسلىرى بىر يەھۇدىي كىشى
بىلەن تاھارەت قائىدىلىرى توغرىسىدا بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ
قالدى. 26 ئاندىن مۇخلىسلار يەھيانىڭ يېنىغا كېلىپ:
ئۇستاز، ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا سەن بىلەن بىرگە بولغان،
ئۆزۈڭ تەرىپلەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ھېلىقى كىشى مانا ھازىر ئۆزى
كىشىلەرنى چۆمۈلدۈرۈۋاتىدۇ، ۋە ھەممە ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا
كېتىشىۋاتىدۇ، ــ دېدى.

22:3 يـۇھ. 1:4.

23:3 مات. 6:3؛ مار. 5:1؛ لۇقا 7:3.

24:3 مات. 3:14.

26:3 «ئۇستاز»] ــ گرېك تىلىدا «رابىي». **«...ئۆزۈڭ تەرىپلەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ھېلىقى كىشى مانا ھازىر ئۆزى كىشىلەرنى چۆمۈلدۈرۈۋاتىدۇ، ۋە ھەممە ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېتىشىۋاتىدۇ»** ــ نېمىشقا يەھيانىڭ مۇخلىسلىرى شۇ يەھۇدىي كىشى بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىپ (25-ئايەت) بۇ سوئالنى تۇغدۇرغان؟ يەھيا بولسا تەۋرات دەۋرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ھېسابلىنىدۇ. يەھيا شۇ سالاھىيىتىدە تەۋرات («كونا ئەھدە»)تىكى تاھارەت ئىشلىرىنى تېخىچە ساقلاپ كەلگەنىدى. لېكىن مەسىھ «ئىچكى تازىلىق»نى تەكىتلەيدىغان تەلىمى بىلەن «يېڭى ئەھدە»نى تونۇشتۇرۇۋاتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ بەس-مۇنازىرىدە يەھيانىڭ تەلىملىرى ۋە ئەيسانىڭ تەلىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر تۈگىشى مۇمكىن ئىدى. يەھيانىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ «خەلق «سەندىن ۋاز كېچىپ، بۇ «يېڭى ئادەم»نىڭ قېشىغا بارىدۇ» دېيىشىنىڭ مەقستى يەھيانىڭ ئىناۋەت-ئابرۇيىنى قوغداش ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن يەھيانىڭ (27-31-ئايەتتىكى) جاۋابى «بۇنداق ئويلاپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەكسىچە خۇشال بولۇشىمىز لازىم» ئىدى.

26:3 مات. 11:3؛ مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 15:1، 26، 34.

[27]يەھيا مۇنداق جاۋاب بەردى:
ئەگەر ئۇنىڭغا ئەرشتىن ئاتا قىلىنمىغان بولسا، ئىنسان
ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. [28]مېنىڭ سىلەرگە: «مەن مەسىھ
ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ ئالدىدا ئەۋەتىلگەنمەن» دېگىنىمگە
ئۆزۈڭلار گۇۋاھچىسىلەر. [29]كېلىنچەكنى ئەمرىگە ئالغۇچى
يىگىتتۇر؛ قولدىشى يىگىتنىڭ ئاۋازىنى كۈتىدۇ؛ قولداش ئۇنىڭ
ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قەلبىدە تولىمۇ خۇرسەن بولىدۇ. شۇنىڭغا
ئوخشاش، مەندىمۇ خۇرسەنلىك تولۇپ تاشىدۇ. [30]ئۇنىڭ
يۈكسىلىشى، مېنىڭ ئاجىزلىشىشىم مۇقەررەردۇر.
[31]ئۈستۈندىن كەلگۈچى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. زېمىندىن كەلگۈچى
زېمىنغا تەۋە بولۇپ زېمىندىكى ئىشلارنى سۆزلەيدۇ. ئەرشتىن
كەلگۈچى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر؛ [32]ئۆزىنىڭ ئەرشتە كۆرگەن ۋە
ئاڭلىغانلىرى بولسا، ئۇ بۇلار توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بېرىدۇ؛ بىراق
ھېچكىم ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. [33]ھالبۇكى،
كىمكى ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلغان بولسا، خۇدانىڭ ھەق

---

**28:3** مال. 1:3؛ مات. 10:11؛ مار. 2:1؛ لۇقا 17:1؛ 27:7؛ يۇھ. 20:1، 21 ، 23.

29:3 **«كېلىنچەكنى ئەمرىگە ئالغۇچى يىگىتتۇر؛ قولدىشى يىگىتنىڭ ئاۋازىنى كۈتىدۇ؛ قولداش ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قەلبىدە تولىمۇ خۇرسەن بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، مەندىمۇ خۇرسەنلىك تولۇپ تاشىدۇ»** ــ مۇشۇ سۆزلەر بىلەن يەھيا پەيغەمبەر ئەيسا مەسىھنى توي يىگىتىگە ئوخشىتىدۇ ۋە: ئۆزۈم بولسام پەقەت توي يىگىتىنىڭ قولدىشىمەن، خالاس، دەيدۇ

30:3 **«ئۇنىڭ يۈكسىلىشى، مېنىڭ ئاجىزلىشىشىم مۇقەررەردۇر»** ــ يەھيانىڭ سۆزلىرى مۇشۇ يەردە تۈگەيدۇ، 31-36-ئايەتلەرنى يۇھاننا مۇقەددەس روھنىڭ تۈرتكە-يوليورۇقى بىلەن يازغان، دېگەن پىكىرگە مايىلمىز. بەزى ئالىملار 32-34- ياكى 32-36-ئايەتلەرنىمۇ يەھيا پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى، دەپ قارايدۇ.

**31:3** يۇھ. 23:8.

**32:3** يۇھ. 30:5؛ 26:8؛ 49:12؛ 10:14؛ 1يۇھ. 10:5.

ئىكەنلىكىگىمۇ مۆھۈرىنى باسقان بولىدۇ . [34]چۈنكى خۇدا
ئەۋەتكىنى خۇدانىڭ سۆزلىرىنى سۆزلەيدۇ؛ چۈنكى خۇدا روھنى
ئۇنىڭغا ئۆلچەم بىلەن كەملەپ بەرمەس. [35]ئاتا ئوغۇلنى سۆيىدۇ
ۋە ھەممە ئىشلارنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغاندۇر. [36]ئوغۇلغا ئېتىقاد
قىلغۇچى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگىدۇر. لېكىن ئوغۇلغا ئىتائەت
قىلمىغۇچى ھاياتنى ھېچ كۆرمەيدۇ، بەلكى خۇدانىڭ غەزىپى
شۇنداقلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ.

## ئەيسا بىلەن سامارىيەلىك ئايال

4 [1]ئەمدى پەرىسىيلەرنىڭ «ئەيسانىڭ مۇخلىس قىلىپ
چۆمۈلدۈرگەنلىرى يەھيانىڭكىدىن كۆپ ئىكەن» دېگەن خەۋەرنى

33:3 **«كىمكى ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلغان بولسا، خۇدانىڭ ھەق ئىكەنلىكىگىمۇ مۆھۈرنى باسقان بولىدۇ»** ــ «خۇدا ھەق» دېگەن سۆزدە كۆزدە تۇتۇلغىنى نېمە؟ شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ ئەسلىدە قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئەۋەتىمەن، دەپ بەرگەن نۇرغۇن ۋەدىلىرى ھازىر ئەيسادا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، دېگەنلىك بولىدۇ.
—«مۆھۈرنى باسقان» ــ بىرىنچىدىن، باشقىلارغا «خۇدا ھەقتۇر» دەپ ئېنىق گۇۋاھلىق بېرىدىغان ۋە ئىككىنچىدىن، خۇدانىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلغۇچى ئۆز ھاياتىدا شۇ گۇۋاھلىقنى تەستىقلايدىغان خۇدانىڭ روھىنىڭ ئىسپاتىنى كۆرىدۇ، شۇڭا «خۇدا ھەق» دەپ تېخىمۇ كۈچلۈك گۇۋاھچى بولىدۇ.
33:3 رىم. 4:3.
34:3 **«...چۈنكى خۇدا روھنى ئۇنىڭغا ئۆلچەم بىلەن كەملەپ بەرمەس»** ــ «روھ» ــ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى. دېمەك، خۇدا پەيغەمبەرلىرىگە ئۆز روھىدىن «ئۆلچەم بىلەن كەملەپ» ئاتا قىلغىنى بىلەن، مەسىھكە بولسا ئۆلچەمەي بەرمەكتە.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خۇدا روھنى ئۆلچەم بىلەن كەملەپ بەرمەس» ــ دېمەك، ئىنجىل دەۋرىدە خۇدا مەسىھ ئارقىلىق مۇقەددەس روھنى ھەممە ئېتىقادچىغا ئۆلچەمەي ئاتا قىلىدۇ.
34:3 ئەف. 7:4.
35:3 **«ئاتا ئوغۇلنى سۆيىدۇ ۋە ھەممە ئىشلارنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغاندۇر»** ــ «ئاتا» مۇشۇ يەردە خۇدانى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە؛ «ئوغۇل» بولسا ــ خۇدانىڭ ئۆز ئوغلى، ئەلۋەتتە. «يۇھاننا»دا «ئوغۇل» كۆپ ئىشلىتىلىدۇ؛ چۈنكى خۇدانىڭ ئوغلى بىردىنبىردۇر.
35:3 مات. 27:11؛ 18:28؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 22:5؛ 2:17؛ ئىبر. 8:2.
36:3 يـۇھ. 36:3؛ 47:6؛ 1يۇھ. 10:5.

**ئاڭلىغىنىنى رەب ئۇققاندىن كېيىن 2(ئەمەلىيەتتە ئەيسا ئۆزى**
**ئەمەس، مۇخلىسلىرى چۆمۈلدۈرەتتى) 3ئۇ يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىن**
**چىقىپ يەنە گالىلىيەگە كەتتى. 4ئەمدى ئۇ يول ئۈستىدە سامارىيە**
**ئۆلكىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. 5شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياقۇپ ئۆز ئوغلى**
**يۈسۈپكە بەرگەن يەرگە يېقىن بولغان سامارىيەنىڭ سىخار دېگەن بىر**
**شەھىرىگە كەلدى. 6شۇ يەردە «ياقۇپنىڭ قۇدۇقى» بار ئىدى. ئەيسا**
**سەپەردە چارچىغىنىدىن قۇدۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.**
**بۇ تەخمىنەن ئالتىنچى سائەت ئىدى. 8-7ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى**
**يېمەكلىك سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى. شۇ**
**چاغدا، سامارىيەلىك بىر ئايال سۇ ئالغىلى كەلدى. ئەيسا ئۇنىڭغا:**
**ماڭا ئىچكىلى سۇ بەرگىن، ــ دېدى. 9ئايال ئۇنىڭدىن:**
**ئۆزىڭىز يەھۇدىي تۇرسىڭىز، مەندەك سامارىيەلىك بىر ئايالدىن**
**قانداقلارچە ئىچكىلى سۇ تەلەپ قىلىپ قالدىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى**
**(چۈنكى يەھۇدىيلار سامارىيەلىكلەر بىلەن ھېچقانداق باردى-كەلدى**
**قىلمايتتى).**

---

**1:4** يۇھ. 26:3.

**4:4 «ئۇ يول ئۈستىدە سامارىيە ئۆلكىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى»** ــ يەھۇدىيلار سامارىيەلىكلەرگە ئۆچ بولغاچقا، ئۇلار يەھۇدىيەدىن گالىلىيەگە ماڭغاندا، سامارىيەدىن ئەمەس، دائىم ئىئوردان دەرياسىنى بويلاپ ماڭاتتى. شۇڭا «سامارىيە ئۆلكىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە ئەيسانىڭ بۇ يول بىلەن مېڭىشى خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىنى ئايان قىلىدۇ.

**5:4** يار. 19:33؛ 22:48؛ يە. 32:24.

**6:4 «ياقۇپنىڭ قۇدۇقى»** ــ گرېك تىلىدا «ياقۇپنىڭ بۇلىقى». ئۇ يەر ئاستىدىكى بۇلاق بولغاچقا، «قۇدۇق» ئىدى. **«بۇ تەخمىنەن ئالتىنچى سائەت ئىدى»** ــ ياكى ئەتىگەندە سائەت ئالتىدە ياكى چۈشتىن كېيىن ئالتىنچى سائەتتە (4:5دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ).

**9:4 «...چۈنكى يەھۇدىيلار سامارىيەلىكلەر بىلەن ھېچقانداق باردى-كەلدى قىلمايتتى»** ــ يەھۇدىيلار سامارىيەلىكلەرنى كاپىر دەپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ چىنە-قاچىلىرىنىمۇ ئىشلەتمەيتتى. يەھۇدىي خەلقى ئەنئەنىلىرى بويىچىمۇ «شۇ كاپىرلارغا قەرزدار بولۇشقا قەتئىي بولمايدۇ» دەپ سامارىيەلىكلەردىن ھېچنېمە سورىماتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەھۇدىي ئەركەكلەر سىرتلاردا بولغاندا ھېچقاچان ناتونۇش بىر ئايال بىلەن (ھەتتا بەزىدە تونۇش ئاياللار بىلەنمۇ) سۆزلەشمەيتتى. 27-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**9:4** لۇقا 52:9، 53؛ يۇھ. 48:8.

10 ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:
ئەگەر سەن خۇدانىڭ سوۋغىتىنىڭ نېمىلىكى ۋە سەندىن سۇ
سورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلسەڭدى، ئۇنداقتا سەن
ئۇنىڭدىن تىلەيتتىڭ ۋە ئۇ ساڭا ھاياتلىق سۈيىنى بېرەتتى.
11 ئايال ئۇنىڭدىن:
تەقسىر، سۇ تارتقۇدەك ھېچنەرسىڭىز بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە
قۇدۇق چوڭقۇر تۇرسا، ھاياتلىق سۈيىنى نەدىن ئالىسىز؟ 12 ئەجەبا، بۇ
قۇدۇقنى بىزگە مىراس قالدۇرغان ئاتىمىز ياقۇپتىن ئۇلۇغمۇسىز؟ بۇ
قۇدۇقتىن ئۆزى، ئوغۇللىرى ۋە مال-ۋارانلىرىمۇ سۇ ئىچكەن ــ دېدى.
13 ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:
بۇ سۇنى ئىچكەن ھەركىم يەنە ئۇسسايدۇ. 14 ئەمما مەن بېرىدىغان
سۇنى ئىچكۈچى ھەركىم مەڭگۈگە ئۇسسىمايدىغان بولىدۇ ۋە
بەلكى مەن ئۇنىڭغا بېرىدىغان سۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇنى مەڭگۈلۈك
ھاياتلىققا ئېلىپ بارىدىغان، ئۇرغۇپ چىقىدىغان بىر بۇلاق بولىدۇ،
ــ دېدى.
15 ئايال: ــ تەقسىر، ماڭا بۇ سۇدىن بەرگەيسىزكى، مەن يەنە
ئۇسسىمايدىغان ۋە مۇشۇ يەرگە سۇ تارتقىلى ئىككىنچى كەلگۈچى
بولمايدىغان بولاي! ــ دېدى.

---

**11:4** يەر. 13:2.

12:4 **«ئەجەبا، بۇ قۇدۇقنى بىزگە مىراس قالدۇرغان ئاتىمىز ياقۇپتىن ئۇلۇغمۇسىز؟ بۇ قۇدۇقتىن ئۆزى، ئوغۇللىرى ۋە مال-ۋارانلىرىمۇ سۇ ئىچكەن»** ــ ئايالنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئىچكى مەنىسى بەلكىم «قۇدۇق كولاپ سۇ تېپىش ئاسان ئەمەس. پەقەت ناھايىتى بىلىملىك ئادەملەر شۇنداق قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا ئۇلۇغ ياقۇپ ئۆزىمۇ مۇشۇ سۇدىن ئىچكەن، ئۇنىڭدىن ياخشى سۇ تاپالمىغان. سىز ئۇنىڭدىن ئۇلۇغسىز، ياقۇپ ئىچكەن سۇدىن ئەۋزەل سۈيۈڭ بارمۇ؟!» دېگەنلىك بولسا كېرەك.

**14:4** يۇھ. 3:16؛ 6:27، 35، 54؛ 7:38.

15:4 **«تەقسىر، ماڭا بۇ سۇدىن بەرگەيسىزكى، مەن يەنە ئۇسسىمايدىغان ۋە مۇشۇ يەرگە سۇ تارتقىلى ئىككىنچى كەلگۈچى بولمايدىغان بولاي!»** ــ ئايالنىڭ تەلەپپۇزى بەلكىم كىنايىلىكرەك ياكى گۇمانلىقراق بولسا كېرەك. بىزنىڭچە پەقەت ئەيسا ئايالنىڭ ئۆز ئەرلىرى توغرۇلۇق بېشارەتلىك سۆز قىلغاندا (18-ئايەت)، ئاندىن ئايال ئۇنىڭ ھەقىقىي مەسىھ ئىكەنلىكىنى

[16] ئەيسا:
بېرىپ ئېرىڭنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كەلگىن، ــ دېدى.
[17] ــ ئېرىم يوق، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئايال.
ئېرىم يوق دەپ، راست ئېيتتىڭ. [18] چۈنكى بەش ئەرگە تەگدىڭ ۋە ھازىر
سەندە بولغىنى سېنىڭ ئېرىڭ ئەمەس. بۇنى توغرا ئېيتتىڭ! ــ دېدى
ئەيسا.
[19] ئايال ئۇنىڭغا: ــ تەقسىر، ئەمدى كۆردۈمكى، سىز ئەسلىدە
پەيغەمبەر ئىكەنسىز! [20] ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ تاغدا ئىبادەت قىلىپ
كەلگەن، لېكىن سىلەر يەھۇدىيلار «ئىبادەتنى يېرۇسالېمدا قىلىش
كېرەك!» دەۋالىسىلەرغۇ؟ ــ دېدى.
[21] ئەيسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
خانىم، ماڭا ئىشەنگىن، شۇنداق بىر ۋاقتى-سائىتى كېلىدۇكى،
سىلەرنىڭ ئاتىغا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۇچۇن نە بۇ تاغدا ياكى
نە يېرۇسالېمدا بولۇشۇڭلارنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. [22] سىلەر
ئىبادەت قىلغىنىڭلارنى بىلمەيسىلەر؛ بىراق بىز كىمگە ئىبادەت
قىلغىنىمىزنى بىلىمىز. چۈنكى نىجات-قۇتقۇزۇلۇش يەھۇدىيلار
ئارقىلىق بولىدۇ. [23] لېكىن شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇ ــ ۋە شۇنداقلا
ھازىر كەلدىكى، ھەقىقىي ئىبادەت قىلغۇچىلار ئاتىغا روھ ۋە ھەقىقەت

---

بىلىپ يېتىدۇ.

**19:4** لۇقا 16:7؛ 19:24؛ يۇھ. 14:6.

20:4 **«ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ تاغدا ئىبادەت قىلىپ كەلگەن»** ــ «بۇ تاغ» گەرىزىم تېغىدۇر. سامارىيەلىكلەر شۇ يەردە ئۆز ئىبادەتخانىسىنى قۇرغانىدى. **«لېكىن سىلەر يەھۇدىيلار «ئىبادەتنى يېرۇسالېمدا قىلىش كېرەك!» دەۋالىسىلەرغۇ؟»** ــ دېمىسەكمۇ، ئايالنىڭ بۇ سۆزى ئەمەلىي بىر سوئالدۇر، يەنى: ــ نېمىشقا شۇنداق؟ بۇ توغرىمۇ؟ ــ دېگەندەك.

**20:4** قان. 5:12، 11؛ 1پاد. 9:3؛ 2تار. 12:7.

22:4 **«نىجات-قۇتقۇزۇلۇش يەھۇدىيلار ئارقىلىق بولىدۇ»** ــ چۈنكى (1) خۇدا ھەقىقىي سۆز-كالامىنى ئەسلىدە يەھۇدىي خەلقىگە ئالاھىدە تاپشۇرغان؛ (2) ھەممىدىن مۇھىمى، خۇدانىڭ ۋەدىلىرىگە ئاساسەن مەسىھ يەھۇدىيلاردىن چىقىدۇ.

**22:4** يار. 3:12؛ 18:18؛ 22:18؛ 4:26؛ 2پاد. 29:17؛ ئىبر. 14:7.

بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. ئاتا ئۆزىگە ئەنە شۇنداق ھەقىقىي ئىبادەت
قىلغۇچىلارنى ئىزدىمەكتە.
[24]خۇدا روھتۇر ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغۇچىلار روھ ۋە ھەقىقەت بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى كېرەكتۇر.

[25]ئايال ئۇنىڭغا:

مەسىھنىڭ، يەنى «خرىستوس» دېگەننىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ كەلگەندە، بىزگە ھەممە ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ — دېدى.

[26]ئەيسا ئۇنىڭغا: — سەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقۇچى مەن دەل شۇدۇرمەن! — دېدى.

[27]شۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭ بىر ئايال بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىغا ھاڭ-تاڭ قېلىشتى؛ لېكىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭدىن: «ئۇنىڭدىن نېمە ئىزدەيسەن؟» ياكى «نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىسەن؟» دەپمۇ سورىمىدى.

[28]شۇنىڭ بىلەن ئايال كوزىسىنى تاشلاپ قويۇپ، شەھەرگە قايتىپ بېرىپ، كىشىلەرگە:

[29]— يۈرۈڭلار، ھاياتىمدا قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بىر كىشىنى كۆرۈپ كېلىڭلار. ئەجەبا، مەسىھ شۇمىدۇ؟ — دېدى.

[30]بۇنىڭ بىلەن خالايىق شەھەردىن چىقىپ، ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى.

---

**23:4 «روھ ۋە ھەقىقەت بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ»** — دېمەك، (1) خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئارقىلىق؛ (2) ھەربىر ئىبادەت قىلغۇچى ئىنسان ئۆزىنىڭ پۈتكۈل روھى بىلەن؛ (3) خۇدا ئىنسانلارغا تاپشۇرغان ھەقىقەت (ئۆز سۆز-كالامى) بويىچە؛ (4) ھەرقانداق يالغانچىلىقنى تاشلىغان ھالدا ئىبادەت قىلىشتۇر.

**24:4** 2كور. 17:3.

**25:4 «مەسىھنىڭ، يەنى «خرىستوس» دېگەن...»** — «خرىستوس» گرېك تىلىدىكى سۆز بولۇپ، «مەسىھ»، يەنى «مەسىھ قىلىنغان (زات)» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**26:4** يـۇھ. 37:9.

31 شۇ ئارىلىقتا مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، بىر نەرسە يەۋالساڭچۇ؟ ــ دەپ ئۆتۈنۈشتى.
32 لېكىن ئۇ ئۇلارغا:
مېنىڭ سىلەر بىلمەيدىغان بىر يېمەكلىكىم بار، ــ دېدى.
33 مۇخلىسلار بىر-بىرىگە:
ئەجەبا، بىرسى ئۇنىڭغا يېگىلى بىر نەرسە ئەكېلىپ بەرگەنمىدۇ؟ ــ
دېيىشتى.
34 ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ مېنىڭ يېمەكلىكىم ــ مېنى
ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ماڭا
تاپشۇرغان خىزمىتىنى تاماملاشتۇر.
35 ــ سىلەر: «ھوسۇل يىغىشقا يەنە تۆت ئاي قالدى» دەۋاتامسىلەر؟
مانا، سىلەرگە ئېيتايكى، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ ئېتىزلارغا قاراڭلار،
زىرائەتلەر سارغىيىپ ئورۇشقا تەييار بولدى! 36 ۋە ئورمىچى ئىش
ھەققىنى ئالىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا توپلانغان ھوسۇلنى يىغىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن تېرىغۇچى بىلەن ئورمىچى تەڭ شادلىنىدۇ. 37 چۈنكى

35:4 **«سىلەر: «ھوسۇل يىغىشقا يەنە تۆت ئاي قالدى» دەۋاتامسىلەر؟»** ــ شۇ ۋاقىت بەلكىم ئونىنچى ياكى ئونبىرىنچى ئاي ئىدى. **«مانا، سىلەرگە ئېيتايكى، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ ئېتىزلارغا قاراڭلار، زىرائەتلەر سارغىيىپ ئورۇشقا تەييار بولدى!»** ــ شۈبھىسىزكى، ئەيسا مۇشۇ يەردە تەسۋىرلەنگەن «ھوسۇل» ھازىر شەھەردىن چىقىپ ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىۋاتقانلارنى، شۇنداقلا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلماقچى بولغانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ ــ «خۇددى زىرائەتلەر سارغىيىپ ئورۇشقا تەييار بولغاندەك، بۇ كىشىلەرمۇ ئېتىقاد قىلىشقا تەييار بولدى» دېگەندەك.

**35:4** مات. 37:9؛ لۇقا 2:10.

36:4 **«ئورمىچى ئىش ھەققىنى ئالىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا توپلانغان ھوسۇلنى يىغىدۇ»** ــ «ئورمىچى»لار خۇدانىڭ كىشىلەرنى ئۆز خۇش خەۋىرىگە ئىشەندۈرۈشتىكى ئاخىرقى ۋاستىسى بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغانلار مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. مۇشۇلار بولسا دەل خۇدا ئۆز كالامى بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقىدىن كۈتكەن ھوسۇلدۇر (مەسىلەن، «رىم.» 29:8-30، «1كور.» 5:3-9، «ئىبر.» 10:2نى كۆرۈڭ). **«شۇنىڭ بىلەن تېرىغۇچى بىلەن ئورمىچى تەڭ شادلىنىدۇ»** ــ «تېرىغۇچى» خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى كىشىلەرگە بىرىنچى بولۇپ يەتكۈزگۈچى بولىدۇ.

بۇ ئىشتا «بىرى تېرىيدۇ، يەنە بىرى يىغىدۇ» دېگەن سۆز ئەمەلگە
ئاشۇرۇلىدۇ. [38] مەن سىلەرنى ئۆزۈڭلار ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن
ھوسۇلنى يىغىشقا ئەۋەتتىم؛ باشقىلار ئەمگەك قىلدى ۋە سىلەر
ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى ئېلىشقا نېسىپ بولدۇڭلار.
[39] شۇ شەھەردىكى نۇرغۇن سامارىيەلىكلەر ھېلىقى ئايالنىڭ: «ئۇ
ھاياتىمدا قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى»
دېگەن گۇۋاھلىق سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەيساغا ئېتىقاد قىلدى. [40] شۇڭا،
ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشىنى
ئۆتۈنۈشكىلى تۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇردى.
[41] ئۇنىڭ سۆز-كالامى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئۇنىڭغا ئېتىقاد
قىلدى. [42] ئۇلار ئايالغا:
بىزنىڭ ئېتىقاد قىلىشىمىز ئەمدى سېنىڭ سۆزلىرىڭ سەۋەبىدىن
ئەمەس، چۈنكى ئۆزىمىز ئۇنى ئاڭلىدۇق ۋە بىلدۇقكى، دۇنيانىڭ
قۇتقۇزغۇچىسى دەل شۇ كىشىدۇر! ــ دېيىشتى.

## بىر ئەمەلدارنىڭ ئوغلىنىڭ ساقايتىلىشى

مات. 8:5-13؛ لۇقا 7:1-10

[43] بۇ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ شۇ يەردىن چىقىپ گالىلىيەگە
قاراپ ماڭدى [44] (چۈنكى ئەيسا ئۆزى: «ھېچبىر پەيغەمبەر ئۆز
يۇرتىدا ئىززەتتە يوقتۇر» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنىدى). [45] شۇنىڭ

---

**38:4 «باشقىلار ئەمگەك قىلدى ۋە سىلەر ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى ئېلىشقا نېسىپ بولدۇڭلار»** ــ كىم «ئەمگەك قىلىپ» تېرىغان؟ بىزنىڭچە ئۇلار: (1) تەۋرات دەۋرىدىكى خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى، بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەر؛ (2) پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئۇلارنى ئىسرائىللارغا (شۇنداقلا سامارىيەلىكلەرگە) ئۆگەتكەن، خۇداغا سادىق بولغان تەۋرات ئۇستازلىرى؛ (3) يەھيا پەيغەمبەر ۋە مۇخلىسلىرى. بۇ ئۈچ تۈركۈم كىشىلەر خەلققە خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنى مەسىھنىڭ كېلىشىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا تەييارلىغانىدى. (4) مەسىھنىڭ ئۆزى «تېرىغان». «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە بۇنىڭ ئۈستىدە توختىلىمىز.

**44:4** مات. 57:13؛ مار. 4:6؛ لۇقا 24:4.

**بىلەن ئۇ گالىلىيەگە كەلگىنىدە، گالىلىيەلىكلەر ئۇنىڭ ئۆتۈپ**
**كېتىش ھېيتىدا يېرۇسالېمدا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى**
**كۆرگەچكە، ئۇنى قارشى ئېلىشتى (چۈنكى ئۇلارمۇ ھېيتقا چىقق**
**انىدى). 46 ئەمدى ئەيسا بۇ قېتىم گالىلىيەدىكى كانا يېزىسىغا**
**يەنە باردى (ئۇ دەل شۇ يەردە سۇنى شارابقا ئايلاندۇرغانىدى). شۇ**
**كۈنلەردە، كەپەرناھۇم شەھىرىدە ئوغلى كېسەل بولۇپ ياتقان بىر**
**ئوردا ئەمەلدارى بار ئىدى. 47 ئۇ ئەيسانىڭ يەھۇدىيەدىن گالىلىيەگە**
**كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:**
**ئۆيۈمگە چۈشۈپ، سەكراتتا ياتقان ئوغلۇمنى ساقايتىپ بەرگەيلا! ــ**
**دەپ توختىماي ئىلتىجا قىلدى.**
**48 شۇنىڭ بىلەن، ئەيسا ئۇنىڭغا:**
**سىلەر گالىلىيەلىكلەر مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلەرنى**
**كۆرمىگۈچە، ھېچ ئېتىقاد قىلمايسىلەر! ــ دېدى.**
**49 ئوردا ئەمەلدارى ئەيساغا:**
**تەقسىر، بالام ئۆلمەستە چۈشكەيلا! ــ دېدى.**
**50 ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ بارغىن، ئوغلۇڭ ھايات قالدى! ــ دېدى.**
**ھېلىقى ئادەم ئەيسانىڭ ئېيتقان سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۆيىگە قاراپ**
**ماڭدى. 51 يولدا كېتىپ بارغىنىدا، ئۇنىڭ قۇللىرى ئالدىغا چىقىپ،**
**بالىلىرى ھايات، دەپ ئۇقتۇردى.**

---

45:4 **«گالىلىيەلىكلەر ئۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا يېرۇسالېمدا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەچكە،...»** ــ 23:2نى كۆرۈڭ. **«گالىلىيەلىكلەر... ئۇنى قارشى ئېلىشتى»** ــ مۇشۇ سۆزلەر 44-ئايەت بىلەن كۆرۈنۈشتە سەل زىترەك بولغىنى بىلەن، 48-ئايەتتە گالىلىيەدىكىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئاخىر بېرىپ (6-بابتا) ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىنى قىلمىدى.

**46:4** يـۇھ. 2:1، 11.

**47:4** **«...ئۆيۈمگە چۈشۈپ، سەكراتتا ياتقان ئوغلۇمنى ساقايتىپ بەرگەيلا!»** ــ كەپەرناھۇمدىن كاناغا بارىدىغان يولنىڭ 33 كىلومېتىرى داۋانغا چىقىدىغان يول.

**48:4** 1كور. 22:1.

[52] ئەمەلدار ئۇلاردىن ئوغلىنىڭ قايسى سائەتتىن باشلاپ
ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇلار:
تۈنۈگۈن يەتتىنچى سائەتتە قىزىتمىسى ياندى، ــ دېيىشتى.
[53] بالىنىڭ ئاتىسى بۇنىڭ دەل ئەيسانىڭ ئۆزىگە: «ئوغلۇڭ ھايات
قالدى!» دېگەن سائەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن
ئۆزى پۈتكۈل ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئېتىقاد قىلىشتى.
[54] بۇ ئەيسانىڭ يەھۇدىيەدىن گالىلىيەگە كەلگەندىن كېيىنكى
كۆرسەتكەن ئىككىنچى مۆجىزىلىك ئالامىتى ئىدى.

## كۆلچەك بويىدىكى پالەچنىڭ ساقايتىلىشى

5 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ بىر ھېيتى يېتىپ
كەلدى ۋە ئەيسا يېرۇسالېمغا چىقتى. [2] يېرۇسالېمدىكى «قوي
دەرۋازىسى»نىڭ يېنىدا ئىبرانىي تىلىدا «بەيت-ئەسدا» دەپ
ئاتىلىدىغان بىر كۆلچەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بەش پېشايۋان بار
ئىدى. [3] بۇ پېشايۋانلار ئاستىدا بىر توپ بىمارلار، يەنى قارىغۇ، توكۇر
ۋە پالەچلەر يېتىشاتتى. ئۇلار ئۇ يەردە يېتىپ كۆلچەكنىڭ سۈيىنىڭ
چايقىلىشىنى كۈتەتتى. [4] چۈنكى بىر پەرىشتە مەلۇم ۋاقىتلاردا
كۆلچەككە چۈشۈپ سۇنى ئۇرغۇتىدىكەن؛ سۇ ئۇرغۇغاندا كۆلچەككە
بىرىنچى بولۇپ چۈشكەن كىشى ئۆزىنى باسقان ھەرقانداق كېسەلدىن
ساقىيىدىكەن. [5] ئەمدى ئۇ يەردە ئوتتۇز سەككىز يىلدىن بىرى

54:4 **«بۇ ئەيسانىڭ يەھۇدىيەدىن گالىلىيەگە كەلگەندىن كېيىنكى كۆرسەتكەن ئىككىنچى مۆجىزىلىك ئالامىتى ئىدى»** ــ ئوقۇرمەنلەر شۇنى كۆرەلەيدۇكى، بۇ ئەيسانىڭ « ياراتقان ئىككىنچى مۆجىزىسى» ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇنىڭ «يەھۇدىيەدىن گالىلىيەگە كەلگەندىن كېيىنكى» ياراتقان **ئالامىتى** ئىدى. «ئالامەت» بولسا، مەسىھنىڭ سالاھىيىتىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېنىق ۋە ئالاھىدە ھالدا كۆرسەتكەن بىر مۆجىزىدۇر.

**1:5** لاۋ. 2:23؛ قان. 1:16.

3:5 **«پالەچلەر»** ــ ياكى «يىگىلگەنلەر».

4:5 **«چۈنكى بىر پەرىشتە مەلۇم ۋاقىتلاردا كۆلچەككە چۈشۈپ سۇنى ئۇرغۇتىدىكەن؛**

**ئاغرىق ئازابى تارتقان بىر بىمار بار ئىدى. [6]ئەيسا بۇ ئادەمنىڭ شۇ**
**يەردە ياتقىنىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇندىن شۇ ھالەتتە ئىكەنلىكىنى**
**بىلىپ، ئۇنىڭدىن:**
**ساقىيىشنى خالامسەن؟ ــ دەپ سورىدى.**
**[7]بىمار ئۇنىڭغا جاۋابەن:**
**تەقسىر، سۇ چايقالغاندا مېنى سۇغا چۈشۈرىدىغان ئادىمىم يوق. مەن**
**چۈشەي دېگۈچە، باشقىلار مېنىڭ ئالدىمدا چۈشۈۋالىدۇ، ــ دېدى.**
**[8]ئەيسا ئۇنىڭغا:**
**ئورنۇڭدىن تۇر، ئورۇن-كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ ماڭغىن! ــ دېدى.**
**[9]ھېلىقى ئادەم شۇئان ساقىيىپ، ئورۇن-كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ**
**كۆتۈرۈپ ماڭدى. شۇ كۈنى شابات كۈنى ئىدى. [10]شۇڭا بەزى يەھۇدىيلار**
**ساقايغان كىشىگە:**
**بۈگۈن شابات كۈنى تۇرسا، ئورۇن-كۆرپەڭنى كۆتۈرۈش تەۋراتتا ساڭا**
**مەنئى قىلىنغان! ــ دېدى.**
**[11]لېكىن ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن:**
**مېنى ساقايتقان كىشى ئۆزى ماڭا: «ئورۇن-كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ**
**ماڭغىن» دېگەنىدى! ــ دېدى.**
**[12]ئۇلار ئۇنىڭدىن: ــ ئەمدى ساڭا: «ئورۇن-كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ**
**ماڭغىن» دېگەن كىشى كىم ئىكەن؟ ــ دەپ سوراشتى.**

---

**سۇ ئۇرغۇغاندا كۆلچەككە بىرىنچى بولۇپ چۈشكەن كىشى ئۆزىنى باسقان ھەرقانداق كېسەلدىن ساقىيىدىكەن»** ــ 3-ئايەتتىكى «ئۇلار يېتىپ... 4-ئايەتتىكى «...ئۆزىنى باسقان ھەرقانداق كېسەلدىن ساقىيىدىكەن» دېگەن سۆزلەرگىچە بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ. ئەمما بىزنىڭچە، بۇ سۆزلەر 7-ئايەتتىكى سۆزلەرنى چۈشەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى چوقۇم ئەسلىدىكى تېكىستنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايمىز.

**8:5** مات. 6:9؛ مار. 11:2؛ لۇقا 24:5.

**9:5** **«شابات كۈنى»** ــ يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان، دەم ئالىدىغان مۇقەددەس كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كۈنى ئىشلەش قەتئىي مەنئى قىلىنغان. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**9:5** يۇھ. 14:9.

**10:5** مىس. 10:20؛ قان. 13:5؛ يەر. 21:17؛ مات. 2:12؛ مار. 24:2؛ لۇقا 2:6.

**[13] بىراق ساقايغان ئادەم ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. چۈنكى**
**ئۇ يەردە ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن، ئەيسا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ،**
**ئاستىغىنا كېتىپ قالدى. [14] بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئەيسا ھېلىقى**
**ئادەمنى ئىبادەتخانىدا تېپىپ ئۇنىڭغا:**
**مانا، ساقايدىڭ. ئەمدى قايتا گۇناھ سادىر قىلما، بېشىڭغا تېخىمۇ**
**ئېغىر كۈلپەت چۈشۈپ قالمىسۇن! ــ دېدى.**
**[15] ھېلىقى ئادەم يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىنى ساقايتقان**
**ئەيسا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. [16] ئەيسا بۇ ئىشلارنى شابات كۈنى**
**قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا با**
**شلىدى. [17] لېكىن ئەيسا ئۇلارغا:**
**ئاتام تا ھازىرغىچە توختىماستىن ئىش قىلىپ كەلمەكتە، مەنمۇ**
**ئىشلەيمەن! ــ دېدى.**
**[18] شۇ سەۋەبتىن يەھۇدىيلار ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تېخىمۇ ئۇرۇناتتى؛**
**چۈنكى ئۇ شابات كۈنىنىڭ قائىدىسىنى بۇزۇپلا قالماستىن،**

---

**14:5** مات. 45:12؛ يـۇھ. 11:8.

16:5 **«يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى»** ــ «يەھۇدىيلار» مۇشۇ يەردە بەلكىم يەھۇدىي چوڭلار، ھۆكۈمدارلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.
—بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەشكە باشلىدى» دەپ قوشۇلىدۇ.

17:5 **«ئاتام تا ھازىرغىچە توختىماستىن ئىش قىلىپ كەلمەكتە، مەنمۇ ئىشلەيمەن!»** ــ ياكى «ئاتام تا ھازىرغىچە توختىماستىن ئىش قىلىپ كەلمەكتە، مەنمۇ ئىشلەپ كەلمەكتىمەن!» **«ئاتام»** ــ خۇدا، ئەلۋەتتە. ئەيسا يەھۇدىي ھۆكۈمدارلارنىڭ «نېمە ئۈچۈن شابات كۈنى ئىش قىلىسەن» دېگەن سوئالىغا بەرگەن جاۋاب قىسقا بولغىنى بىلەن بۇ يەھۇدىي ئۆلىمالىرىغا تۆۋەندىكىدەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ــ «خۇدا ئۆزى ھەردائىم، جۈملىدىن شابات كۈنىدە ئىشلىمەمدۇ؟ ئۇ دائىم ئۆز قانۇنىيەتلىرى بويىچە پۈتكۈل ئالەمنى ئۆز-ئۆزىگە تۇتاشتۇرۇپ، ھەممە مەۋجۇداتلارنى بىر-بىرىگە باغلاندۇرۇپ تۇرمامدۇ؟ ئۇ شابات كۈنىدىمۇ بەزى ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ، بەزىلىرىنى ساقايتىپ، بەزىلىرىگە ھايات بەرمەمدۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئاتام بولغىنىكەن، مەن ئۇنىڭغا ھەمكارلاشمىسام بولمايدۇ!». يەھۇدىيلار ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن ئۇنىڭ خۇدا بىلەن ئاتا-ئوغۇللۇق زىچ مۇناسىۋەتتە دېگىنىنى توغرا چۈشەنگىنى بىلەن، لېكىن بۇ سۆزىنى «كۇپۇرلۇق» دەپ قارىدى (18-ئايەت).

**17:5** يـۇھ. 10:14.

يەنە خۇدانى «ئاتام» دەپ چاقىرىپ، ئۆزىنى خۇداغا باراۋەر
قىلغانىدى.

## ئەيسانىڭ ھوقۇقى

[19] شۇڭا ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئوغۇل
ئۆزلۈكىدىن ھېچنېمە قىلالمايدۇ، بەلكى پەقەت ئاتىنىڭ نېمە
قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن شۇ ئىشنى قىلىدۇ. ئاتا نېمە
ئىش قىلسا، ئوغۇلمۇ شۇ ئىشنى ئوخشاشلا قىلىدۇ. [20] چۈنكى ئاتا
ئوغۇلنى سۆيىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىلىدىغان بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا
ئايان قىلىدۇ ھەم سىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشقا بۇلاردىن تېخىمۇ زور
ۋە ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئايان قىلىدۇ. [21] چۈنكى ئۆلگەنلەرنى ئاتا
قانداق تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان بولسا، ئوغۇلمۇ
شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ.
[22] شۇنىڭدەك، ئاتا ئۆزى ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارمايدۇ،
بەلكى بارلىق ھۆكۈم ئىشلىرىنى ئوغۇلغا تاپشۇرغان. [23] بۇنىڭدىن
مەقسەت، ــ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاتىغا ھۆرمەت قىلغاندەك،
ئوغۇلغىمۇ ئوخشاشلا ھۆرمەت قىلىشى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئوغۇلنى

---

**18:5** يـۇھ. 19:7.

**19:5** يەش. 5:54؛ يـۇھ. 30:3؛ 38:8؛ 4:9؛ 30:10؛ 9:14؛ 5:17.

20:5 **«...ھەم سىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشقا بۇلاردىن تېخىمۇ زور ۋە ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئايان قىلىدۇ»** ــ شۈبھىسىزكى، «تېخىمۇ زور ۋە ئۇلۇغ ئىشلار» ئوغۇلغا ئايان قىلىنىدۇ ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ ئارقىلىق باشقىلارغىمۇ ئايان قىلىنىدۇ. بۇ «ئۇلۇغ ۋە زور (گرېك تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) ئىشلار» 21-22-ئايەتلەردە بايان قىلىنىدۇ؛ ئۇ ئوغۇل سۆيپتىدە بولغاچقا، خالىسا بۇ ئىشلارنى (خۇدا ئۆزى قىلىدىغاندەك) شابات كۆنىدىمۇ قىلىش ھوقۇقى بار.

**20:5** يـۇھ. 2:1؛ 35:3؛ 16:7؛ 28:8؛ 24:14.

21:5 **«چۈنكى ئۆلگەنلەرنى ئاتا قانداق تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان بولسا، ئوغۇلمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ»** ــ شۈبھىسىزكى، بۇ سۆزلەر ھەم جىسمانىي ھەم روھىي مەنىدە ئېيتىلىدۇ.

**22:5** مات. 27:11؛ يـۇھ. 35:3.

ھۆرمەتلىمىسە، ئۇنى ئەۋەتكۈچى ئاتىنىمۇ ھۆرمەتلىمىگەنلەردىن
بولىدۇ. [24] — بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى،
سۆزۈمنى ئاڭلاپ، مېنى ئەۋەتكۈچىگە ئىشەنگەن ھەركىم مەڭگۈلۈك
ھاياتقا ئېرىشكەن بولىدۇ؛ ئۇ ئادەم سوراققا تارتىلمايدۇ، بەلكى
ئۆلۈمدىن ھاياتلىققا ئۆتكەن بولىدۇ.
[25] — بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى،
ئۆلۈكلەرنىڭ خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان ۋاقىت-
سائىتى يېتىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا ھازىر كەلدىكى، ئاڭلىغانلار
ھاياتلىققا ئىگە بولىدۇ. [26] چۈنكى ئاتا ئۆزىدە قانداق ھاياتلىققا
ئىگە بولسا، ئوغۇلغىمۇ ئۆزىدە شۇنداق ھاياتلىققا ئىگە بولۇشنى
ئاتا قىلدى [27] ۋە يەنە ئۇنىڭغا سوراق قىلىش ھوقۇقىنىمۇ بەردى،
چۈنكى ئۇ ئىنسانئوغلىدۇر. [28] بۇنىڭغا تەئەججۈپ قىلماڭلار؛
چۈنكى بارلىق گۆردە ياتقانلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان ۋاقىت
كېلىدۇ [29] ۋە ئۇلار شۇئان يەرلىكلىرىدىن چىقىشىدۇ، ياخشىلىق
قىلغانلار ھاياتقا تىرىلىدۇ، يامانلىق قىلغانلار سوراققا
تارتىلىشقا تىرىلىدۇ. [30] مەن ئۆزلۈكۈمدىن ھېچنېمە قىلالمايمەن،
پەقەت ئاتامدىن ئاڭلىغىنىم بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن؛ ۋە مېنىڭ
ھۆكۈمۈم ھەققانىيدۇر، چۈنكى مېنىڭ ئىزدىگىنىم ئۆزۈمنىڭ

---

**23:5** يۇھ. 23:2.

**24:5** لۇقا 43:23؛ يۇھ. 18:3؛ 40:6، 47؛ 51:8.

25:5 **«...ئۆلۈكلەرنىڭ خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان ۋاقىت-سائىتى يېتىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا ھازىر كەلدىكى، ئاڭلىغانلار ھاياتلىققا ئىگە بولىدۇ»** — بۇ سۆزلەر، شۈبھىسىكى، بولۇپمۇ روھىي جەھەتتىكى ئۆلۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ («ۋاقىت-سائىتى يېتىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا ھازىر كەلدىكى،...»). چۈنكى 28-ئايەتتە جىسمانيي ئۆلۈكلەر ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ.

**25:5** ئەف. 1:2، 5؛ 1تىم. 6:5.

26:5 **«چۈنكى ئاتا ئۆزىدە قانداق ھاياتلىققا ئىگە بولسا، ئوغۇلغىمۇ ئۆزىدە شۇنداق ھاياتلىققا ئىگە بولۇشنى ئاتا قىلدى»** — باشقا بىرخىل ياخشى تەرجىمىسى «چۈنكى ئاتا ئۆزى قانداق ھاياتلىق مەنبەسى بولسا، ئوغۇلنىمۇ شۇنداق ھاياتلىق مەنبەسى قىلدى».

**28:5** 1تېس. 16:4.

**29:5** دان. 2:12؛ مات. 34:25، 46.

ئىرادىسى ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىرادىسىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر.

## ئەيسانىڭ خۇدا ئەۋەتكىنى بولغىنىغا تۆت گۇۋاھلىق

31 ــ ئەگەر ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆزۈم گۇۋاھلىق بەرسەم گۇۋاھلىقىم ھەقىقەت
ھېسابلانمايدۇ. 32 لېكىن مەن ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدىغان باشقا
بىرسى بار. ئۇنىڭ ماڭا بېرىدىغان گۇۋاھلىقىنىڭ راستلىقىنى
بىلىمەن. 33 سىلەر يەھياغا ئەلچى ئەۋەتكىنىڭلاردا، ئۇ ھەقىقەتكە
گۇۋاھلىق بەرگەن 34 (ئەمەلىيەتتە، ماڭا ئىنساننىڭ گۇۋاھلىقىنى
قوبۇل قىلىشىمنىڭ كېرىكى يوق؛ مېنىڭ يەھيا توغرۇلۇق شۇنداق
ئېيتىۋاتقىنىم پەقەتلا سىلەرنىڭ قۇتقۇزۇلۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر).
35 يەھيا بولسا كۆيۈپ نۇر چېچىپ تۇرغان بىر چىراغ ئىدى ۋە سىلەر
ئۇنىڭ يورۇقىدا بىر مەزگىل شادلىنىشقا رازى بولدۇڭلار. 36 لېكىن
يەھيانىڭ مەن ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقىدىنمۇ ئۇلۇغ بىر گۇۋاھلىق
بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاتا ماڭا ئادا قىلىشقا تاپشۇرغان ئەمەللەر، يەنى

---

**30:5** يـۇھ. 38:6.

31:5 **«ئەگەر ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆزۈم گۇۋاھلىق بەرسەم گۇۋاھلىقىم ھەقىقەت ھېسابلانمايدۇ»** ــ «ھەقىقەت ھېسابلانمايدۇ» گرېك تىلىدا «ھەقىقەت ئەمەس».

**31:5** يـۇھ. 14:8.

32:5 **«لېكىن مەن ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدىغان باشقا بىرسى بار. ئۇنىڭ ماڭا بېرىدىغان گۇۋاھلىقىنىڭ راستلىقىنى بىلىمەن»** ــ ئەيسا ئېيتقان بۇ مۇھىم «گۇۋاھلىق بېرىدىغان باشقا بىرسى» يەھيا پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى خۇدائاتىسى ئۆزىدۇر. 34-ئايەتنى كۆرۈڭ («ماڭا ئىنساننىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىشىمنىڭ كېرىكى يوق»).

**32:5** يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17.

**33:5** يـۇھ. 15:1، 19، 27.

34:5 **«ئەمەلىيەتتە، ماڭا ئىنساننىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىشىمنىڭ كېرىكى يوق»** ــ گرېك تىلىدا «ئۆزۈم توغرۇلۇق ئىنسانلارنىڭ گۇۋاقلىقىنى قوبۇل قىلمايمەن» **«مېنىڭ يەھيا توغرۇلۇق شۇنداق ئېيتىۋاتقىنىم پەقەتلا سىلەرنىڭ قۇتقۇزۇلۇشۇڭلار ئۈچۈندۇ»** ــ دېمەك، سىلەر پەرىيسىلەر يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزۈم توغرۇلۇق («مانا مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى!» دېگەن) گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلساڭلار، نىجات تاپالايسىلەر.

مەن قىلىۋاتقان ئەمەللەر، بۇلار مېنىڭ توغرامدا ئاتىنىڭ مېنى
ئەۋەتكىنىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. [37]ۋە مېنى ئەۋەتكەن ئاتا ئۆزىمۇ
مەن ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگەندۇر. سىلەر ھېچقاچان ئۇنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلىمىدىڭلار، قىياپىتىنى كۆرمىدىڭلار [38]ۋە ئۇنىڭ سۆز-كالامى
سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئورۇن ئالمىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئەۋەتكىنى
بولسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيسىلەر.
[39]مۇقەددەس يازمىلارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ ئولتۇرىسىلەر؛ چۈنكى
ئۇلاردىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولدۇق، دەپ قارايسىلەر. دەل بۇ
يازمىلار مەن ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگۈچىدۇر. [40]شۇنداقتىمۇ سىلەر
يەنىلا ھاياتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمغا كېلىشنى
خالىمايسىلەر.
[41]مەن ئىنسانلارنىڭ ماختىشىنى قوبۇل قىلمايمەن؛ [42]لېكىن مەن
سىلەرنى بىلىمەنكى، ئىچىڭلاردا خۇدانىڭ مۇھەببىتى يوق.
[43]مەن ئاتامنىڭ نامى بىلەن كەلگەنمەن، ئەمما سىلەر مېنى قوبۇل
قىلمايسىلەر. ھالبۇكى، باشقا بىرسى ئۆز نامى بىلەن كەلسە، سىلەر
ئۇنى قوبۇل قىلىسىلەر. [44]سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن ئىززەت-شۆھرەت

---

36:5 **«مەن قىلىۋاتقان ئەمەللەر، بۇلار مېنىڭ توغرامدا ئاتىنىڭ مېنى ئەۋەتكىنىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ»** ــ «مەن قىلىۋاتقان ئەمەللەر» ــ ئەيسا يارىتىۋاتقان كۆپ مۆجىزىلەردىن ئىبارەت.

**36:5** يۇھ. 25:10؛ 1يۇھ. 9:5.

**37:5** مىس. 20:33؛ قان. 12:4؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ يۇھ. 33:1؛ 27:6؛ 18:8؛ 1تىم. 16:6؛ 2پېت. 17:1؛ 1يۇھ. 12:4.

**39:5** قان. 18:18؛ يەش. 16:34؛ لۇقا 29:16؛ 27:24؛ يۇھ. 46:1؛ روس. 11:17.

42:5 **«ئىچىڭلاردا خۇدانىڭ مۇھەببىتى يوق»** ــ ياكى «خۇداغا بولغان مۇھەببىتىڭلار يوق»

43:5 **«ھالبۇكى، باشقا بىرسى ئۆز نامى بىلەن كەلسە، سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىسىلەر»** ــ «باشقا بىرسى» ــ شۈبھىسىزكى، بۇ سۆز كۆپ «ساختا مەسىھ»لەرنى، بولۇپمۇ ئاخىرقى زاماندا پەيدا بولغان دەججالنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بىر مىسال، مىلادىيە 135-يىلى ئۆزىنى «مەسىھ بولىمەن» دېگەن، «بار-قوقبا» ئىسىملىك دەججالدەك بىر شەخس پەلەستىندە پەيدا بولغان ۋە نۇرغۇن يەھۇدىي خەلقى ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئالدانغان. ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن قارشىلىششىقا چىقىپ، ئاخىر بېرىپ رىمنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

قوبۇل قىلىسىلەر-يۇ، يېگانە خۇدادىن كەلگەن ئىززەت-شۆھرەتكە
ئىنتىلمىسەڭلەر، ئۇنداقتا سىلەر قانداقمۇ ئېتىقاد قىلالايسىلەر؟!
[45] بىراق مېنى ئۇستىمىزدىن ئاتىغا شىكايەت قىلىدۇ، دەپ ئويلىماڭلار.
ئۇستۇڭلاردىن شىكايەت قىلغۇچى مەن ئەمەس، بەلكى سىلەر ئۈمىد
باغلىغان مۇسا پەيغەمبەردۇر. [46] چۈنكى ئەگەر سىلەر راستتىن مۇسا
پەيغەمبەرگە ئىشەنگەن بولساڭلار، ماڭىمۇ ئىشەنگەن بولاتتىڭلار.
چۈنكى ئۇ مۇقەددەس يازمىلاردا مەن توغرۇلۇق پۈتكەندۇر. [47] لېكىن
ئۇنىڭ پۈتكەنلىرىگە ئىشەنمىسەڭلار، مېنىڭ سۆزلىرىمگە قانداقمۇ
ئىشىنىسىلەر؟!

## بەش مىڭ ئادەمنىڭ تويدۇرۇلۇشى

مات. 14:13-21؛ مار. 6:30-44؛ لۇقا 9:10-17

6 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئەيسا گالىلىيە دېڭىزى (تىبېرىياس
دېڭىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتى. [2] زور بىر توپ
خالايىق ئۇ كېسەللەرنى ساقايتقان مۆجىزىلىك ئالامەتلىرىنى
كۆردى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. [3] ئەيسا تاغقا چىقىپ، ئۇ
يەردە مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە ئولتۇردى. [4] ئۇ چاغدا يەھۇدىيلارنىڭ
ھېيتى، يەنى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»غا ئاز قالغان ۋاقىت ئىدى.
[5] ئەيسا بېشىنى كۆتۈرۈپ، زور بىر توپ خالايىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، فىلىپتىن:
بۇلارغا يەيدىغانغا ناننى نەدىن ئالىمىز؟ ــ دەپ سورىدى [6] (لېكىن ئۇ

---

5:44 يۇھ. 12:43.

5:46 يار. 3:15؛ 22:18؛ 26:4؛ 28:14؛ قان. 18:18.

6:1 **«گالىلىيە دېڭىزى»** ــ ئىسرائىلىيەنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چوڭ بىر كۆل. خەرىتىلەرنى كۆرۈڭ.

6:4 مىس. 12:18؛ لاۋ. 23:5، 7؛ چۆل. 28:16؛ قان. 16:1.

6:5 مات. 14:14؛ مار. 6:34؛ لۇقا 9:13.

**بۇ سۆزنى فىلىپنى سىناش ئۈچۈن ئېيتقانىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ
نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى).**
**[7] فىلىپ جاۋابەن:**
**ئىككى يۈز دىنارغا نان ئالساقمۇ، ھەربىرىگە كىچىككىنە بىر
چىشلەمدىن يېيىشكىمۇ يەتمەيدۇ!**
**[8] مۇخلىسلاردىن بىرى، يەنى سىمون پېترۇسنىڭ ئىنىسى ئاندرىياس
ئەيساغا: [9] ــ بۇ يەردە كىچىك بىر ئوغۇل بالا بار، ئۇنىڭدا بەش ئارپا
نان بىلەن ئىككى كىچىك بېلىق بار. لېكىن شۇنچە كۆپ خەلققە بۇ
نېمە بولىدۇ؟! ــ دېدى.**
**[10] ئەيسا: ــ كۆپچىلىكنى ئولتۇرغۇزۇڭلار، ــ دېدى (ئۇ يەردە ئوت-چۆپ
مول ئۆسكەنىدى). شۇنىڭ بىلەن ئەر كىشىلەر ئولتۇردى؛ ئۇلارنىڭ
سانى بەش مىڭچە بار ئىدى. [11] ئەيسا نانلارنى قولىغا ئېلىپ،
خۇداغا تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن، ئولتۇرغانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ
بەردى. بېلىقلارنىمۇ شۇنداق قىلدى؛ كۆپچىلىك خالىغانچە يېدى.**
**[12] ھەممەيلەن يەپ تويۇنغاندا، ئۇ مۇخلىسلىرىغا:**
**ئاشقان پارچىلارنى يىغىڭلار، ھېچ نەرسە زايە بولمىسۇن، ــ دېدى.**
**[13] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەش ئارپا نېنىدىن يەپ ئاشقان پارچىلىرىنى ئون
ئىككى سېۋەتكە تولدۇرۇپ يىغىۋالدى. [14] ئەمدى خالايىق ئەيسانىڭ
كۆرسەتكەن بۇ مۆجىزىلىك ئالامىتىنى كۆرۈپ: «دۇنياغا كېلىشى
مۇقەررەر بولغان پەيغەمبەر ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىكەن!» دېيىشتى.**

---

7:6 **«ئىككى يۈز دىنارغا نان ئالساقمۇ...»** ــ بىر دىنار ياكى «دىنارىئۇس» بولسا ئادەتتە بىر ئىشچىنىڭ بىر كۈنلۈك ھەققىگە توغرا كېلەتتى. 200 دىنار بولسا، ئاددىي ئىشچىنىڭ يېرىم يىللىق كىرىمىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

**11:6** 1سام. 13:9.

13:6 **«سېۋەت»** ــ گرېك تىلىدا «قول سېۋەت»، بەلكىم ئىككى قۇللاپ كۆتۈرىدىغان سېۋەتنى كۆرسىتىدۇ.

14:6 **«دۇنياغا كېلىشى مۇقەررەر بولغان پەيغەمبەر ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىكەن!»** ــ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ بۇ پەيغەمبەر توغرۇلۇق ئالدىن ئېيتقان بېشارىتى «چۆل.» 15:18دە تېپىلىدۇ.

**14:6** لۇقا 16:7؛ 19:24؛ يۇھ. 19:4.

[15] شۇنىڭ بىلەن ئەيسا ئۇلارنىڭ كېلىپ ئۆزىنى پادىشاھ بولۇشقا
زورلىماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ، قايتىدىن
تاغقا يالغۇز چىقىپ كەتتى.

## ئەيسانىڭ سۇ ئۈستىدە مېڭىشى

مات. 27-22:14؛ مار. 52-45:6

[16] كەچقۇرۇن، ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى دېڭىز بويىغا چۈشۈشتى.
[17] ئۇلار بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ، دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدىكى كەپەرناھۇم
شەھىرىگە قاراپ يول ئېلىشتى (قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندى ۋە
ئەيسا تېخىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلمىگەنىدى). [18] قاتتىق بوران
چىقىپ، دېڭىز دولقۇنلاپ كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. [19] مۇخلىسلار پالاق ئۇرۇپ
ئون-ئون بىر چاقىرىمچە ماڭغاندا، ئەيسانىڭ دېڭىزنىڭ ئۈستىدە
مېڭىپ كېمىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇشۇپ كەتتى.
[20] لېكىن ئۇ ئۇلارغا:
بۇ مەن، قورقماڭلار! ــ دېدى.
[21] شۇنى ئاڭلاپ ئۇلار ئۇنى كېمىگە چىقىرىۋالغۇسى كەلدى؛ ئۇ كېمىگە
چىقىپلا، كېمە دەرھال ئۇلار بارىدىغان يەرگە يېتىپ باردى.

## ئەيسا ــ ھەقىقىي روھىي ئوزۇقتۇر

[22] ئەتىسى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە قالغان خالايىق ئالدىنقى كۈنى ئۇ
يەردە ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى چىققان كېمىدىن باشقا كېمىنىڭ

**16:6** مات. 23:14؛ مار. 47:6.

**19:6 «ئون-ئون بىر چاقىرىمچە ماڭغاندا...»** ــ گرېك تىلىدا «يىگىرمە بەش ياكى ئوتتۇز «ستادىيون»چە ماڭغاندا...». بىر ستادىيون 185 مېتر، شۇڭا ئۇلار قىرغاقتىن 6-5 كىلومېتر ماڭغانىدى (بىر چاقىرىم 500 مېتر ئەتراپىدۇ). دېڭىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتر، كەڭلىكى 12 كىلومېتر بولۇپ، ئۇلار دېڭىز ئوتتۇرىسىغا يەتكەن بولسا كېرەك.

**21:6 «ئۇ كېمىگە چىقىپلا، كېمە دەرھال ئۇلار بارىدىغان يەرگە يېتىپ باردى»** ــ «زەب.» 31-23:107نى كۆرۈڭ.

**21:6** زەب. 30-29:107

يوقلۇقىنى، ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى شۇ كېمىگە چىققاندا،
ئەيسانىڭ ئۇلار بىللە چىقمىغانلىقىنى، بەلكى مۇخلىسلىرىنىڭ
ئۆزلىرىلا كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. 23 ھالبۇكى، بىرنەچچە كېمە-
قولۋاق تىبېرىياس شەھىرىدىن رەب تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن
خەلق نان يېگەن يەرگە يېقىن كېلىپ توختىدى. 24 شۇنىڭ بىلەن
خالايىق ئەيسانىڭ ۋە مۇخلىسلىرىنىڭ ئۇ يەردە يوقلۇقىنى كۆرۈپلا،
كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ، ئەيسانى ئىزدىگىلى كەپەرناھۇم شەھىرىگە
ماڭدى. 25 ئۇلار ئۇنى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە تېپىپ ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭ؟ — دەپ سوراشتى.
26 ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن:
بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلەر
مېنى مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى نانلاردىن يەپ تويۇنغىنىڭلار ئۈچۈن ئىزدەيسىلەر. 27 بۇزۇلۇپ
كېتىدىغان پانىي ئوزۇقلۇقتا ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ ھاياتلىققا باقىي
قالىدىغان ئوزۇقلۇقتا ئىنتىلىپ ئىشلەڭلار؛ بۇنى ئىنسانئوغلى
سىلەرگە بېرىدۇ؛ چۈنكى ئۇنى ئاتا، يەنى خۇدا ئۆزى مۆھۈرلەپ
تەستىقلىغان، — دېدى.
28 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭدىن:
نېمىگە ئىنتىلىپ ئىشلىسەك ئاندىن خۇدانىڭ ئىش-خىزمىتىدە
ئىشلىگەن بولىمىز؟ — دەپ سوراشتى.
29 ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: — خۇدانىڭ ئىش-خىزمىتى دەل شۇكى،
ئۇ ئەۋەتكىنىگە ئېتىقاد قىلىشىڭلاردۇر، — دېدى.
30 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە:
ئۇنداق بولسا سەن بىزنى كۆرۈپ ئۆزۈڭگە ئىشەندۈرگۈدەك قانداق

**25:6** **«ئۇستاز»** — گرېك تىلىدا «رابىي».

**27:6** مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ يۇھ. 33:1؛ 16:3؛ 14:4؛ 37:5؛ 40:6، 54؛ 18:8؛ 2پېت. 17:1.

**29:6** 1يۇھ. 23:3.

مۆجىزىلىك ئالامەت يارىتىسەن؟ زادى نېمە ئىش قىلىپ بېرىسەن؟
31 ئاتا-بوۋىلىرىمىز چۆلدە يۈرگەندە، زەبۇردا: «ئۇ ئۇلارغا ئەرشتىن
چۈشۈرۈلگەن نان تەقدىم قىلدى» دەپ پۈتۈلگەندەك، «ماننا»نى
يېگەن ــ دېيىشتى.
32 ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلەرگە
ئاسماندىن چۈشكەن ناننى بەرگۈچى مۇسا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ
ئاتامدۇر؛ ئۇ ھازىرمۇ سىلەرگە ئاسماندىن چۈشكەن ھەقىقىي ناننى
بېرىۋاتىدۇ. 33 چۈنكى خۇدانىڭ نېنى بولسا پۈتكۈل دۇنياغا ھاياتلىق
ئاتا قىلىدىغان، ئەرشتىن چۈشكۈچىدۇر.
34 ــ تەقسىر، ھەمىشە بىزگە شۇ ناننى بېرىپ تۇرغايسەن! ــ دېيىشتى
ئۇلار.
35 ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
ھاياتلىق نېنى ئۆزۈمدۇرمەن! مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن ھەركىم
ھېچقاچان ئاچ قالمايدۇ، ماڭا ئېتىقاد قىلغان ھەركىم ھېچقاچان ئۇ
سسىمايدۇ. 36 لېكىن سىلەرگە ئېيتقىنىمدەك، سىلەر مېنى كۆرگەن
بولساڭلارمۇ، ئېتىقاد قىلمايۋاتىسىلەر.
37 ئاتا ماڭا تاپشۇرغانلارنىڭ ھەربىرى يېنىمغا كېلىدۇ ۋە

---

**30:6** مات. 12:38؛ 16:1؛ مار. 8:11؛ لۇقا 11:29؛ 1كور. 1:22.

31:6 **«ئۇ ئۇلارغا ئەرشتىن چۈشۈرۈلگەن نان تەقدىم قىلدى»** ــ «زەب.» 78:24. **«ئاتا-بوۋىلىرىمىز چۆلدە يۈرگەندە، زەبۇردا: «ئۇ ئۇلارغا ئەرشتىن چۈشۈرۈلگەن نان تەقدىم قىلدى» دەپ پۈتۈلگەندەك، «ماننا»نى يېگەن ــ دېيىشتى»** ــ ئۇلارنىڭ بۇنى ئەيساغا دېگىنىدە كۆزدە تۇتقىنى: «سەن مۇسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش «دۇنياغا كېلىشى مۇقەررەر بولغان» شۇ پەيغەمبەر ياكى مەسىھ بولساڭ، ئەمدى مۇساغا ئوخشاش ئاسماندىن نان («ماننا») چۈشۈرۈشۈڭگە توغرا كەلمەمدۇ؟» دېگەندەك مەنە ئىدى. ئەيسا ئۇلارغا «بۇ نان بەرگۈچى مۇسا ئەمەس، خۇدادۇر» دەپ خاتالىقنى تۈزەتكەندىن كېيىن (32-ئايەت) ئۆزىنىڭ «ئاسماندىن چۈشكەن ھەقىقىي نان» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ.

**31:6** مىس. 16:4، 14؛ چۆل. 11:7؛ نەھ. 9:15؛ زەب. 78:24، 25؛ 1كور. 10:3.

**35:6** يەش. 55:1؛ يۇھ. 4:14؛ 7:37.

مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنلەردىن ھېچقايسىسىنى ھەرگىز
تاشلىۋەتمەيمەن. [38]چۈنكى ئۆز ئىرادەمنى ئەمەس، بەلكى مېنى
ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەرشتىن
چۈشتۇم. [39]مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىرادىسى بولسا دەل شۇكى،
ئۇنىڭ ماڭا تاپشۇرغانلىرىدىن ھېچبىرىنى يىتتۈرمەي، بەلكى
ئاخىرقى كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرۈشۈمدىن ئىبارەت.
[40]چۈنكى مېنىڭ ئاتامنىڭ ئىرادىسى شۇكى، ئوغۇلغا كۆز تىكىپ
قاراپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەربىرىنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا
ئېرىشتۈرۈشتۇر؛ ۋە مەن ئاخىرقى كۈنى ئۇلارنى تىرىلدۈرىمەن.
[41]ئەمدى يەھۇدىيلار ئەيسانىڭ: «ئەرشتىن چۈشكەن نان
ئۆزۈمدۇرمەن!» دېگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ غوتۇلدىشىشقا
باشلىدى: [42]ــ «بۇ يۇسۇپنىڭ ئوغلى ئەيسا ئەمەسمۇ؟ ئاتىسىنىمۇ،
ئانىسىنىمۇ تونۇيدىغان تۇرساق، يەنە قانداقلارچە: ــ «ئەرشتىن
چۈشتۇم!» دېسۇن؟» ــ دېيىشەتتى ئۇلار.
[43]ئەيسا جاۋابەن ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ــ مېنىڭ توغرامدا ئۆزئارا
غوتۇلداشماڭلار. [44]مېنى ئەۋەتكەن ئاتا ئۆزى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى
تارتقۇزمىسا، ھېچكىم مېنىڭ يېنىمغا كېلەلمەيدۇ؛ مېنىڭ يېنىمغا
كەلگەن ھەربىرىنى ئاخىرقى كۈنى تىرىلدۈرىمەن. [45]پەيغەمبەرلەرنىڭ
يازمىلىرىدا: «ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە خۇدا تەرىپىدىن ئۆگىتىلىدۇ»
دەپ پۈتۈلگەندۇر. شۇڭا، ئاتىنىڭ سۆزىنى تىڭشىغان ۋە ئۇنىڭدىن
ئۆگەنگەن ھەربىرى مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ. [46]بىراق بۇ بىرەركىم

**38:6** مات. 39:26؛ مار. 36:14؛ لۇقا 42:22؛ يۇھ. 30:5.

39:6 **«مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىرادىسى... ئاخىرقى كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرۈشۈمدىن ئىبارەت»** ــ «ئاخىرقى كۈنى» قىيامەت كۈنى.

**39:6** يۇھ. 28:10؛ 12:17؛ 9:18.

**40:6** يۇھ. 16:3؛ 14:4؛ 27:6، 54.

**42:6** مات. 55:13؛ مار. 3:6.

**44:6** كۈي. 4:1؛ يۇھ. 65:6.

**45:6** يەش. 13:54؛ يەر. 33:31؛ ئىبر. 10:8؛ 16:10.

ئاتىنى كۆرگەن دېگەنلىك ئەمەس؛ پەقەت خۇدانىڭ يېنىدىن كەلگۈچى
بولسا، ئۇ ئاتىنى كۆرگەندۇر.
47 بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ماڭا
ئېتىقاد قىلغۇچى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگىدۇر. 48 ھاياتلىق نېنى
ئۆزۈمدۇرمەن. 49 ئاتا-بوۋىلىرىڭلار چۆللەردە «ماننا» يېگىنى
بىلەن يەنىلا ئۆلدى. 50 لېكىن مانا، ئەرشتىن چۈشكەن نان دەل
شۇنداقكى، بىرسى ئۇنىڭدىن يېگەن بولسا ئۆلمەيدۇ. 51 ئەرشتىن
چۈشكەن ھاياتلىق نېنى ئۆزۈمدۇرمەن؛ كىمدەكىم بۇ ناندىن يېسە،
ئەبەدىلئەبەدگىچە ياشايدۇ. مەن بېرىدىغان شۇ نان بولسا مېنىڭ
ئەت-تېنىمدۇر، پۈتكۈل دۇنيادىكىلەر ھاياتقا ئىگە بولسۇن دەپ، مەن
ئۇنى ئاتىماقچىمەن.
52 بۇ سۆز بىلەن يەھۇدىيلار ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلىشقا باشلاپ:
بۇ ئادەم بىزنىڭ يېيىشىمىزگە ئۆزىنىڭ ئەت-تېنىنى قانداق
بېرەلىسۇن؟! ــ دېيىشەتتى.
53 شۇڭا ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلەر
ئىنسانئوغلىنىڭ ئەت-تېنىنى يېمىگۈچە ۋە قېنىنى ئىچمىگۈچە،
سىلەردە ھاياتلىق بولمايدۇ. 54 ئەت-تېنىمنى يېگۈچى ۋە قېنىمنى

---

46:6 **«بىراق بۇ بىرەركىم ئاتىنى كۆرگەن دېگەنلىك ئەمەس؛ پەقەت خۇدانىڭ يېنىدىن كەلگۈچى بولسا، ئۇ ئاتىنى كۆرگەندۇر»** ــ بەزى ئالىملار بۇ ئايەتتىكى سۆزلەرنى ئەيسا ئەمەس، بەلكى روسۇل يۇھاننا چۈشەندۇرۇش يولىدا قوشۇپ يازغان، دەپ قارايدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۇچۇن ئانچە ئىسپات كۆرمىگەچكە، يەنىلا ئەيسانىڭ ئۆز سۆزى، دەپ ئويلايمىز.

**46:6** مات. 27:11؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 18:1؛ 29:7؛ 19:8.

**47:6** يـۇھ. 16:3، 36.

**49:6** مىس. 4:16؛ چۆل. 7:11؛ زەب. 24:78

50:6 **«لېكىن مانا، ئەرشتىن چۈشكەن نان دەل شۇنداقكى، بىرسى ئۇنىڭدىن يېگەن بولسا ئۆلمەيدۇ»** ــ ياكى «لېكىن مانا، بىرسى ئۇنىڭدىن يېگەن بولسا ئۆلمەيدىغان، ئەرشتىن چۈشكەن نان مۇشۇ يەردىدۇر».

**51:6** يـۇھ. 26:11؛ ئىبر. 5:10، 10.

**52:6** يـۇھ. 9:3.

ئىچكۈچى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن بولىدۇ ۋە مەن ئۇنى ئاخىرقى
كۈنى تىرىلدۈرىمەن. 55 چۈنكى ئەت-تېنىم ھەقىقىي ئوزۇقلۇق، قېنىم
بولسا ھەقىقىي ئىچىملىكتۇر. 56 ئەت-تېنىمنى يېگۈچى ۋە قېنىمنى
ئىچكۈچى مەندە ياشايدۇ ۋە مەنمۇ ئۇنىڭدا ياشايمەن. 57 ھايات ئاتا
مېنى ئەۋەتكەن ۋە مەن ئاتىنىڭ بولغانلىقىدىن ياشاۋاتقىنىمدەك،
مېنى يېگۈچى كىشى ھەم مېنىڭ ۋاستەم بىلەن ياشايدۇ. 58 مانا
بۇ ئەرشتىن چۈشكەن ناندۇر. بۇ نان ئاتا-بوۋىلىرىڭلار يېگەن
«ماننا»دەك ئەمەس؛ چۈنكى ئۇلار «ماننا»نى يېيىشى بىلەن ئۆلدى؛
بىراق بۇ ناننى ئىستېمال قىلغۇچى بولسا مەڭگۈ ياشايدۇ!
59 بۇ سۆزلەرنى ئۇ كەپەرناھۇمدىكى سىناگوگتا تەلىم بەرگىنىدە
ئېيتقانىدى. 60 شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىدىن نۇرغۇنلىرى
بۇنى ئاڭلىغاندا:
بۇ تەلىم بەك ئېغىر ئىكەن! بۇنى كىم ئاڭلاپ كۆتۈرەلىسۇن؟ ــ
دېيىشتى.
61 بىراق ئۆز ئىچىدە مۇخلىسلىرىنىڭ بۇ توغرىسىدا غوتۇلداشقىنىنى
بىلگەن ئەيسا ئۇلارغا:
بۇ سۆزۈم سىلەرنى تايدۇردىمۇ؟ 62 ئەمدى مۇبادا ئىنسانئوغلىنىڭ
ئەسلى كەلگەن جايغا كۆتۈرۈلۈۋاتقىنىنى كۆرسەڭلار، قانداق بولار؟!
63 ئىنسانغا ھاياتلىق بەرگۈچى ــ روھتۇر. ئىنساننىڭ ئەتلىرى
بولسا ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. مەن سىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرىم

54:6 **«ئەت-تېنىمنى يېگۈچى»** ــ ياكى «ئەت-تېنىمنى ئىستېمال قىلغۇچى».

54:6 يۇھ. 16:3؛ 14:4؛ 27:6، 40.

56:6 **«ئەت-تېنىمنى يېگۈچى»** ــ ياكى «ئەت-تېنىمنى ئىستېمال قىلغۇچى».

58:6 يۇھ. 13:3.

62:6 مار. 19:16؛ لۇقا 50:24؛ يۇھ. 13:3؛ روس. 9:1؛ ئەف. 8:4.

بولسا ھەم روھتۇر ۋە ھەم ھاياتلىقتۇر. [64] لېكىن ئاراڭلاردىن
ئېتىقاد قىلمىغان بەزىلەر بار، ــ دېدى (چۈنكى ئەيسا ئېتىقاد
قىلمىغانلارنىڭ ۋە ئۆزىگە ساتقۇنلۇق قىلىدىغاننىڭ كىم
ئىكەنلىكىنى باشتىلا بىلەتتى).
[65] شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇنداق دېدى: ــ مەن شۇ سەۋەبتىن سىلەرگە شۇنى
ئېيتتىمكى، ئاتامدىن ئاتا قىلىنمىسا، ھېچكىم مېنىڭ يېنىمغا
كېلەلمەيدۇ!
[66] شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ مۇخلىسلىرىدىن خېلى كۆپى چېكىنىپ
چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ماڭمايدىغان بولدى. [67] شۇڭا ئەيسا ئون
ئىككىيلەندىن:
سىلەرمۇ، ھەم مەندىن كېتىشنى خالامسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.
[68] سىمون پېترۇس ئۇنىڭغا جاۋاب قىلىپ:
ئى رەب، بىز كىمنىڭ يېنىغا كېتەتتۇق؟ مەڭگۇ ھاياتلىق سۆزلىرى
سەندىلىدۇر! [69] ۋە شۇنىڭغا ئىشەندۇق ۋە شۇنى بىلىپ يەتتۇقكى،
سەن خۇدانىڭ مۇقەددەس بولغۇچىسىدۇرسەن! ــ دېدى.
[70] ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن:
مەن سىلەر ئون ئىككىڭلارنى تاللىدىم ئەمەسمۇ، بىراق ئاراڭلاردا

---

63:6 **«ئىنسانغا ھاياتلىق بەرگۈچى ــ روھتۇر»** ــ مۇشۇ يەردە «روھ»، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ روھىنى كۆرسىتىدۇ. **«ئىنساننىڭ ئەتلىرى بولسا ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ»** ــ «ئىنساننىڭ ئەتلىرى» ــ خۇداغا تايانمايدىغان ئىنسانلارنى كۆرسىتىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى كىرىش سۆزىمىزدە «ئەتئەتلەر» توغرۇلۇق بولغان ئىزاھاتىمىزنى كۆرۈڭ. **«مەن سىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرىم بولسا ھەم روھتۇر ۋە ھەم ھاياتلىقتۇر»** ــ دېمەك، روھىي مەندە، ئادەمنىڭ روھىغا ھايات كىرگۈزىدىغان، مەڭگۈلۈك ھايات يەتكۈزىدىغان.

**63:6** 2كور. 6:3.

**64:6** يۇھ. 2:25؛ 11:13.

**65:6** يۇھ. 6:44.

**68:6** روس. 5:20.

**69:6** مات. 16:16؛ مار. 8:29؛ لۇقا 9:20؛ يۇھ. 11:27.

بىرسى ئىبلىستۇر! ــ دېدى [71](ئۇنىڭ بۇ دېگىنى ئىشقارىيوتلۇق
سىموننىڭ ئوغلى يەھۇدانى كۆرسەتكەندى، چۈنكى يەھۇدا ئون
ئىككىيلەننىڭ بىرى بولغىنى بىلەن، كېيىن ئۇزىگە ساتقۇنلۇق
قىلىدۇ).

## ئەيسانىڭ ئىنىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشى

7 [1]بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئەيسا گالىلىيەدە ئايلىنىپ يۈردى.
ئۇ يەھۇدىيەدە ئايلىنىپ يۈرۈشنى خالىمايتتى، چۈنكى شۇ
يەردىكى يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا قەست قىلماقچى ئىدى. [2]بۇ چاغدا،
يەھۇدىيلارنىڭ «كەپىلەر ھېيتى»غا ئاز قالغانىدى. [3]شۇڭا ئەيسانىڭ
ئىنىلىرى ئۇنىڭغا:
مۇشۇ يەردىن ئايرىلىپ يەھۇدىيەگە بارغىن، شۇنىڭ بىلەن
مۇخلىسلىرىڭمۇ كارامەت ئەمەللىرىڭنى كۆرەلەيدۇ! [4]چۈنكى
ئۆزىنى خەلق-ئالەمگە تونۇتماقچى بولغان ھېچكىم يوشۇرۇن جايدا
ئىش قىلمايدۇ. بۇ ئەمەللەرنى قىلىۋاتقانىكەنسەن، ئۆزۈڭنى دۇنياغا

---

70:6 **«بىراق ئاراڭلاردا بىرسى ئىبلىستۇر!»** ــ ياكى «بىراق ئاراڭلاردا بىرسى دۈشمەندۇر!».
«ئىبلىس» دېگەن سۆزنىڭ ئۆز مەنىسى «دۈشمەن، ياۋ».

**70:6** لۇقا 13:6.

71:6 **«ئىشقارىيوتلۇق سىموننىڭ ئوغلى يەھۇدا...»** ــ ياكى «سىموننىڭ ئوغلى يەھۇدا ئىشقارىيوتنى...».

**2:7** لاۋ. 34:23.

3:7 **«مۇشۇ يەردىن ئايرىلىپ يەھۇدىيەگە بارغىن، شۇنىڭ بىلەن مۇخلىسلىرىڭمۇ كارامەت ئەمەللىرىڭنى كۆرەلەيدۇ!»** ــ ئەيسانىڭ ئىنىلىرىنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئىچكى مەنىسى بەلكىم: «مۇھىم مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ كۆپى گالىلىيە دېگەن مۇشۇ نامرات، پىنھان جايدىن ئەمەس، بەلكى پايتەخت يېرۇسالېمدىدۇر؛ سەن شۇ يەردە ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشىڭ كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي نام-ئىناۋىتىڭ ۋە ھەيۋىتىڭ بولىدۇ» دېگەندەك بولسا كېرەك. سەل غەلىتە ئىش شۇكى، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمىگىنى بىلەن (5-ئايەتنى كۆرۈڭ): «ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولاي دېسەڭ، كارامەت ئەمەللىرىڭنى ئوچۇق مەيداندا كۆرسىتىشىڭ كېرەك» دېگەن گۇمانىي نەسىھەتنى بەرگەن (4-ئايەتنى كۆرۈڭ).

كۆرسەت! ــ دېيىشتى. [5] چۈنكى ئۇنىڭ ئىنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلمىغانىدى.
[6] شۇڭا ئەيسا ئۇلارغا:
مېنىڭ ۋاقىت-سائىتىم تېخى كەلمىدى. لېكىن سىلەرگە نىسبەتەن ھەرۋاقىت مۇناسىپتۇر. [7] بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر سىلەرگە ھەرگىز ئۆچ بولمايدۇ؛ لېكىن مېنى ئۆچ كۆرىدۇ. چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى رەزىل دەپ گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمەن. [8] سىلەر بۇ ھېيتقا بېرىۋېرىڭلار. مەن ھازىرچە بۇ ھېيتقا بارمايمەن، چۈنكى مېنىڭ ۋاقىت-سائىتىم تېخى يېتىپ كەلمىدى، ــ دېدى.
[9] ئەيسا بۇ سۆزلەرنى قىلىپ، گالىلىيەدە قالدى.

## كەپىلەر ھېيتىدا

[10] ئەيسانىڭ ئىنىلىرى ھېيتقا چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا باردى. ئەمما ئاشكارا ئەمەس، يوشۇرۇن باردى. [11] ھېيتتا يەھۇدىيلار

**5:7** مار. 3:21.
**6:7 «سىلەرگە نىسبەتەن ھەرۋاقىت مۇناسىپتۇر»** ــ بۇ سۆزنىڭ ئىچكى مەنىسى بەلكىم ئىنتايىن ئاددىيدۇر. خۇدانىڭ ئىرادىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم خۇدانىڭ يېتەكچىلىكىنى ۋە باشپاناھلىقىنى ئىزدەپ يۈرىدۇ؛ لېكىن پەقەت ئۆز ئىرادىسىگە قارايدىغان كىشى خۇدانىڭ يېتەكچىلىكىنىڭ ۋە باشپاناھلىقىنىڭ كېرىكى يوق دەپ يۈرىدۇ ۋە شۇنداقلا، بۇ دۇنيادىكىلەردىن ھېچقانداق قارشىلىققا ياكى ئۆچمەنلىككە ئۇچرىمايدۇ، خالىغان يەرگە بېرىۋېرىدۇ. لېكىن خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئىزدىگەن كىشى تەبىئىي ھالدا بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاشكارە قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ (7-ئايەتنى كۆرۈڭ).
**7:7** يۇھ. 3:19؛ 14:17؛ 15:18.
**8:7 «سىلەر بۇ ھېيتقا بېرىۋېرىڭلار. مەن بۇ ھېيتقا بارمايمەن»** ــ كۆپ كونا كۆچۈرمىلەردە «سىلەر بۇ ھېيتقا بېرىۋېرىڭلار. مەن تېخى بۇ ھېيتقا بارمايمەن» ياكى «سىلەر بۇ ھېيتقا بېرىۋېرىڭلار. مەن ھازىرچە بۇ ھېيتقا بارمايمەن» دېگەن سۆز تېپىلىدۇ. «تېخى» ياكى «ھازىرچە» دېگەن سۆزلەر ئەسلىدە بولسۇن، بولمىسۇن، بەربىر ئايەتنىڭ مەنىسى ئاساسەن ئوخشاشتۇر؛ چۈنكى ئەيسا ئىنىلىرى ھېيتقا چىققاندىن كېيىن ئاستىرتىن باردى (10-ئايەت). بەزىلەر «ھازىرچە» دېگەننى چۈشەندۈرۈش يولىدا كىرگۈزىدۇ.
**8:7** يۇھ. 8:20.

ئۇنى ئىزدەپ: «ئۇ قەيەردىدۇر؟» دەپ سوراۋاتاتتى.
[12]كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ توغرىسىدا كۆپ غۇلغۇلا بولدى. بەزىلەر
ئۇنى: «ياخشى ئادەم!» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ياق، ئۇ خالايىقنى
ئازدۇرۇۋاتىدۇ!» دېيىشتى. [13]بىراق يەھۇدىي چوڭلىرىدىن قورقۇپ،
ھېچكىم ئوچۇق-ئاشكارە ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايتتى.
[14]ھېيتنىڭ يېرىمى ئۆتكەندە، ئەيسا ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا
كىرىپ خەلققە تەلىم بېرىشكە باشلىدى. [15]يەھۇدىيلار:
بۇ ئادەم ھېچقانداق تەلىم ئالمىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ قانداقمۇ مۇنچە
كۆپ بىلىمى بولسۇن؟ ــ دەپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى.
[16]ئەيسا ئۇلارغا:
بۇ تەلىملەر مېنىڭ ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭكىدۇر.
[17]ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىشقا ئۆز ئىرادىسىنى باغلىغان
ھەركىم بۇ تەلىم توغرۇلۇق ــ ئۇنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ياكى
ئۆزلۈكۈمدىن ئېيتىۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ. [18]ئۆز ئالدىغا سۆزلىگەن
كىشى ئۆز شان-شەرىپىنى ئىزدەيدۇ، لېكىن ئۆزىنى ئەۋەتكۈچىنىڭ
شان-شەرىپىنى ئىزدەيدىغان كىشى ھەق-سادىقتۇر، ئۇنىڭدا
ھەققانىيسىزلىق يوقتۇر. [19]مۇسا پەيغەمبەر سىلەرگە تەۋرات
قانۇنىنى تاپشۇرغان ئەمەسمۇ؟ لېكىن ھېچقايسىڭلار بۇ قانۇنغا
ئەمەل قىلمايۋاتىسىلەر! نېمىشقا مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىسىلەر؟

---

**11:7** يۇھ. 56:11.

**12:7** مات. 46:21؛ لۇقا 16:7؛ يۇھ. 6:14؛ 16:9؛ 19:10.

**13:7 «يەھۇدىي چوڭلىرىدىن قورقۇپ...»** ــ گرېك تىلىدا «يەھۇدىيلاردىن قورقۇپ» دېيىلىدۇ. مۇشۇ يەردە «يەھۇدىيلار» چوقۇم ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**13:7** يۇھ. 22:9؛ 42:12؛ 38:19.

**14:7 «..كىرىپ»** ــ گرېك تىلىدا «..چىقىپ».

**15:7 «يەھۇدىيلار»** ــ بەلكىم يەھۇدىي چوڭلار.

**16:7** يۇھ. 11:3؛ 28:8؛ 49:12؛ 10:14، 24.

ـ دېدى.
[20] كۆپچىلىك:
ساڭا جىن چاپلىشىپتۇ! سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىم ئىكەن؟ ـ
دېيىشتى.
[21] ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى: ـ مەن بىر كارامەتنى يارىتىشىم
بىلەن ھەممىڭلار ھاڭ-تاڭ قېلىشتىڭلار. [22] ـ ئەمدى مۇسا پەيغەمبەر
سىلەرگە خەتنە قىلىش توغرۇلۇق ئەمر قالدۇرغان (ئەمەلىيەتتە بولسا
خەتنە قىلىش مۇسا پەيغەمبەردىن ئەمەس، ئاتا-بوۋىلاردىن قالغان)،
شۇڭا سىلەر شابات كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسىمۇ شۇ كۈندە
ئادەمنىڭ خەتنىسىنى قىلىۋېرىسىلەر. [23] ئەمدى تەۋرات قانۇنىغا

---

19:7 **«نېمىشقا مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىسىلەر؟»** ـ ياكى «نېمىشقا مېنى ئۆلتۈرگىلى ئىزدەيسىلەر؟».

**19:7** مىس. 1:20؛ 3:24؛ مات. 14:12؛ مار. 6:3؛ يۇھ. 18:5؛ 39:10؛ 53:11؛ روس. 53:7.

20:7 **«سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىم ئىكەن؟»** ـ ياكى «سېنى ئۆلتۈرگىلى ئىزدەيدىغان كىم؟».

**20:7** يۇھ. 48:8، 52؛ 20:10.

21:7 **«مەن بىر كارامەتنى يارىتىشىم بىلەن ھەممىڭلار ھاڭ-تاڭ قېلىشتىڭلار»** ـ بۇ «بىر كارامەت»، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئالدىنقى قېتىم يېرۇسالېمدا بولغاندا شابات كۈندە پالەچ ئادەمنى ساقايتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (23-ئايەت ۋە 5-بابنى كۆرۈڭ). ئەيسانىڭ سۆزىگە قارىغاندا، گەرچە بۇ مۆجىزە بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېسىدە تېخىچە بار ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئەيسانى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. 22-24-ئايەتلەردە ئەيسا «شابات كۈندە ئادەمنى ساقايتىش تەۋرات قانۇنىغا خىلاپ»، دېگەن خىيالغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. بىزنىڭچە ئۇ ئەسلىدە ئۇلارنى بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئويلاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ مۆجىزىنى قەستەن شابات كۈندە ياراتقاندى.

22:7 **«ئەمەلىيەتتە بولسا خەتنە قىلىش مۇسا پەيغەمبەردىن ئەمەس، ئاتا-بوۋىلاردىن قالغان»** ـ «خەتنە قىلىش»نى خۇدا ئەسلىدە ئىبراھىم پەيغەمبەرگە (مۇسا پەيغەمبەردىن ئىلگىرى، ئەلۋەتتە) ئۆزىنىڭ ئىبراھىم ۋە ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان ئەھدىنىڭ سىمۋولى بولسۇن دەپ تاپشۇرغانىدى («يار.» 17-باب). **«شۇڭا سىلەر شابات كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسىمۇ شۇ كۈندە ئادەمنىڭ خەتنىسىنى قىلىۋېرىسىلەر»** ـ ئەمر بولسا «بالا تۇغۇلۇپ سەككىزىنچى كۈنى خەتنىسىنى قىلىش كېرەك» («يار.» 13:17). شۇنىڭ بىلەن «سەككىزىنچى كۈن» شابات كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسىمۇ (ۋە شابات كۈنى «ئىشلەش»كە بولمايدۇ) بالىنى سۈننەت قىلىۋېرىش كېرەك. بولمىسا تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق بولىدۇ.

**22:7** لاۋ. 3:12؛ يار. 10:17.

خىلاپلىق قىلىنمىسۇن دەپ شابات كۈنىدە ئادەم خەتنە قىلىنغان
يەردە، مەن شابات كۈنىدە بىر ئادەمنى سەللىمازا ساقايتسام، سىلەر
نېمە دەپ ماڭا ئاچچىقلىنىسىلەر؟ [24] سىرتقى قىياپەتكە قاراپ ھۆكۈم
قىلماڭلار، بەلكى ھەققانىي ھۆكۈم قىلىڭلار!

## ئەيسا قۇتقۇزغۇچى-مەسىھمىدۇ؟

[25] ئۇ ۋاقىتتا يېرۇسالېملىقلارنىڭ بەزىلىرى:
چوڭلار ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشى بۇ ئەمەسمىدى؟ [26] ئاشكارا
سۆزلەۋاتىسمۇ، ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە دېمىدىغۇ! دەرۋەقە،
ئاقساقاللارنىڭ ئۇنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنمۇ؟
[27] ھالبۇكى، بۇ ئادەمنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىز ئېنىق بىلىمىز.
لېكىن مەسىھ كەلگەندە، ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم
بىلمەستىغۇ، ــ دېيىشتى.
[28] شۇڭا ئەيسا ئىبادەتخانا ھويلىسىدا تەلىم بېرىۋېتىپ، يۇقىرى ئاۋاز
بىلەن مۇنداق دېدى:
سىلەر مېنى تونۇيمىز ھەمدە مېنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىمنىمۇ
بىلىمىز، دەۋاتىسىلەر؟! بىراق مەن ئۆزلۈكۈمدىن ئەمەس، مەن مېنى

**24:7** قان. 16:1، 17؛ پەند. 23:24؛ ياق. 1:2.

27:7 **«بۇ ئادەمنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىز ئېنىق بىلىمىز»** ــ ئۇلار ئۇنى گالىلىيەلىك دەپ بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بەيت-لەھەمدە تۇغۇلغان، ئەلۋەتتە. **«لېكىن مەسىھ كەلگەندە، ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەستىغۇ، ــ دېيىشتى.»** ــ خالايىقنىڭ بۇ سۆزلىرى ئانچە توغرا ئەمەس ئىدى؛ بۇ كىشىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسىھ توغرۇلۇق بېشارەتلىك يازمىلىرىنى تولۇق بىلمىگەن بولسا كېرەك. بەلكىم ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى پەقەت مەسىھنىڭ تۇيۇقسىز نامايان بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن بېشارەتلەرلا ئىدى.

**27:7** مات. 55:13؛ مار. 3:6؛ لۇقا 22:4.

ئەۋەتكۈچىدىن كەلدىم، ئۇ ھەقتۇر؛ بىراق سىلەر ئۇنى تونۇمايسىلەر.
[29] مەن ئۇنى تونۇيمەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ يېنىدىن كەلدىم، مېنى ئۇ
ئەۋەتتى.
[30] شۇڭا ئۇلار ئۇنى تۇتۇش يولىنى ئىزدەيتتى، لېكىن ھېچكىم
ئۇنىڭغا قول سالمىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقىت-سائىتى تېخى
يېتىپ كەلمىگەنىدى. [31] لېكىن خالايىق ئارىسىدىكى نۇرغۇن
كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى. ئۇلار: «مەسىھ كەلگەندە بۇ
كىشى كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك ئالامەتلەردىن ئارتۇق مۆجىزە
يارىتالارمۇ؟!» دېيىشتى.

## ئەيسانى تۇتۇش ئۈچۈن قاراۋۇللارنىڭ ئەۋەتىلىشى

[32] پەرىسىيلەر خالايىقنىڭ ئۇ توغرۇلۇق غۇلغۇلا بولۇۋاتقان بۇ گەپ-
سۆزلىرىنى ئاڭلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن پەرىسىيلەر بىلەن باش كاھىنلار
ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن بىرنەچچە قاراۋۇللارنى ئەۋەتتى. [33] شۇنىڭ بىلەن
ئەيسا:

---

7:28 **«سىلەر مېنى تونۇيسىز ھەمدە مېنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىمنىمۇ بىلىسىز، دەۋاتىسىلەر؟! بىراق مەن ئۆزلۈكۈمدىن ئەمەس، مەن مېنى ئەۋەتكۈچىدىن كەلدىم، ئۇ ھەقتۇر؛ بىراق سىلەر ئۇنى تونۇمايسىلەر»** — بۇ سۆز ئەيسانىڭ ئۇلارنىڭ «بۇ ئادەمنىڭ... قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلىمىز» دېگىنىگە رەددىيە قىلغان جاۋابى ئىدى. ئەگەر ئۇلار خۇدانى تونۇغان بولسا ئەيسانىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى، لېكىن ئۇلار خۇدانى تونىمايتتى (ئايەتتىكى ئاخىرقى سۆزگە قاراڭ).

**7:28** يۇھ. 5:43؛ 8:26، 42؛ رىم. 3:4.

**7:29** يۇھ. 10:15.

7:30 **«شۇڭا ئۇلار ئۇنى تۇتۇش يولىنى ئىزدەيتتى...»** — «ئۇلار» بەلكىم يەنىلا چوڭلارنى كۆرسىتىدۇ.

**7:30** مار. 11:18؛ لۇقا 19:47؛ 20:19؛ يۇھ. 7:19؛ 8:20، 37.

**7:31** يۇھ. 8:30.

7:32 **«قاراۋۇللارنى ئەۋەتتى»** — ياكى «ئىبادەتخانا قاراۋۇللىرىنى ئەۋەتتى». لېكىن بىزنىڭچە 30- ۋە 44-ئايەتلەر (لاۋىيلاردىن بولغان) مۇشۇ كىشىلەرنى ئايرىم كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىرئاز ۋاقىت سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن، ئاندىن مېنى
ئەۋەتكۈچىنىڭ يېنىغا كېتىمەن. [34] مېنى ئىزدەيسىلەر، لېكىن
تاپالمايسىلەر. مەن بارىدىغان يەرگە بارالمايسىلەر، ــ دېدى.
[35] بۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىيلار بىر-بىرىگە:
ئۇ بىز تاپالمىغۇدەك قەيەرلەرگە بارار؟ گرېكلەر ئارىسىدىكى
تارقاق يەھۇدىي مۇھاجىرلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، گرېكلارغا تەلىم
بېرەمدىغاندۇ؟ [36] «مېنى ئىزدەيسىلەر، لېكىن تاپالمايسىلەر. مەن
بارىدىغان يەرگە بارالمايسىلەر» دېگىنى نېمىسىدۇ؟ ــ دېيىشتى.

## ھاياتلىق سۈيى

[37] ھېيتنىڭ ئاخىرقى ھەم ئەڭ كاتتا كۈنى، ئەيسا ئورنىدىن تۇرۇپ،
يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ــ
كىمدەكىم ئۇسسىسا، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئىچسۇن!
[38] ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىنىڭ خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا
ئېيتىلغىنىدەك، ئىچ-باغرىدىن ھاياتلىق سۈيىنىڭ دەريالىرى

---

**33:7** يـۇھ. 16:16.

**34:7** يـۇھ. 21:8؛ 33:13.

35:7 **«ئۇ بىز تاپالمىغۇدەك قەيەرلەرگە بارار؟ گرېكلەر ئارىسىدىكى تارقاق يەھۇدىي مۇھاجىرلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، گرېكلارغا تەلىم بېرەمدىغاندۇ؟»** ــ بۇ ئايەتتىكى «گرېكلەر» قانائانلىق (پەلەستىنلىق) سىرتىدا تۇرغان بارلىق يات ئەللىكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

37:7 **«ھېيتنىڭ ئاخىرقى ھەم ئەڭ كاتتا كۈنى، ئەيسا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ــ كىمدەكىم ئۇسسىسا، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئىچسۇن!»** ــ ئەيسا بۇ سۆزلەرنى ھېيتنىڭ ئاخىرقى كۈنى، يەنى دەل خۇدانىڭ ئىسرائىل خەلقى چۆلدىكى ۋاقتىدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن مۆجىزە ياراتقان خاتىرە كۈنىدە ئېيتقان.

**37:7** لاۋ. 36:23؛ يەش. 1:55؛ يـۇھ. 35:6؛ ۋەھ. 17:22.

ئېقىپ چىقىدۇ! ــ دەپ جاكارلىدى [39] (ئۇ بۇ سۆزنى ئۆزىگە ئېتىقاد
قىلغانلارغا ئاتا قىلىنىدىغان مۇقەددەس روھقا قارىتا ئېيتقانىدى.
خۇدانىڭ روھى تېخى ھېچكىمگە ئاتا قىلىنمىغانىدى، چۈنكى
ئەيسا تېخى شان-شەرىپىگە كىرمىگەنىدى).

## خەلقنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى

[40] خالايىق ئىچىدە بەزىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:
كېلىشى مۇقەررەر بولغان پەيغەمبەر ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىكەن!! ــ
دېيىشتى.
[41] بەزىلەر: «بۇ مەسىھ ئىكەن!» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر بولسا: «ياق،
مەسىھ گالىلىيەدىن كېلەتتىمۇ؟ [42] مۇقەددەس يازمىلاردا، مەسىھ
پادىشاھ داۋۇتنىڭ نەسلىدىن ھەم داۋۇتنىڭ يۇرتى بەيت-لەھەم
يېزىسىدىن كېلىدۇ، دېيىلمىگەنمىدى؟» ــ دېيىشتى.
[43] بۇنىڭ بىلەن، خالايىق ئۇنىڭ ۋەجىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.
[44] بەزىلىرى ئۇنى تۇتايلى دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا
قول سالمىدى.

---

38:7 **«ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىنىڭ خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا ئېيتىلغىنىدەك، ئىچ-باغرىدىن ھاياتلىق سۈيىنىڭ دەريالىرى ئېقىپ چىقىدۇ!»** ــ «مۇقەددەس يازمىلاردا ئېيتىلغاندەك» ــ «يەش.» 11:58 ۋە «ئەز.» 47:1-12نى كۆرۈڭ.
ـــ«زەب.» 78:15-16، «پەند.» 4:23، «يەش.» 44:3، 55:1، «ئەز.» 47:1-12، «يو.» 3:18،
«زەب.» 36:8، 46:5، 5، «زەك.» 13:1، 14:8مۇ بەلكىم «مۇقەددەس روھنىڭ تۆكۈلۈشى» بىلەن
مۇناسىۋەتلىكتۇر.

**38:7** يەش. 12:3، 44:3، 55:1، 59:21، «ئەز.» 47:1-12، «يو.» 3:18، «زەب.» 36:8، 46:5، 5، «زەك.» 13:1، 14:8

**39:7** يەش. 44:3؛ يو. 2:27-29؛ روس. 2:17.

40:7 **«كېلىشى مۇقەررەر بولغان پەيغەمبەر ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىكەن!»** ــ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ بۇ پەيغەمبەر توغرۇلۇق ئالدىن ئېيتقان بېشارىتى «قان.» 18:15دە تېپىلىدۇ.

**40:7** مات. 21:46؛ لۇقا 7:16؛ يـۇھ. 6:14.

**41:7** يـۇھ. 1:47؛ 4:42.

**42:7** زەب. 132:11؛ مىك. 5:1؛ مات. 2:6.

## يەھۇدىي ئاقساقاللىرىنىڭ ئېتىقادسىزلىقى

45 قاراۋۇللار ئىبادەتخانىدىن باش كاھىنلار بىلەن پەرىسىيلەرنىڭ
يېنىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇلار قاراۋۇللارغا:
نېمە ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇپ كەلمىدىڭلار؟ ــ دەپ سوراشتى.
46 قاراۋۇللار:
ھېچكىم ھېچقاچان بۇ ئادەمدەك سۆزلىگەن ئەمەس! ــ دەپ جاۋاب
بېرىشتى. 47 پەرىسىيلەر ئۇلارغا جاۋابەن:
سىلەرمۇ ئازدۇرۇلدۇڭلارمۇ؟ 48 ئاقساقاللاردىن ياكى پەرىسىيلەردىن
ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلار بولغانمۇ؟! 49 لېكىن تەۋرات قانۇنىنى
بىلمەيدىغان بۇ چۈپرەندىلەر لەنەتكە قالىدۇ! ــ دېيىشتى.
50 ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى، يەنى بۇرۇن ئاخشامدا ئەيسانىڭ ئالدىغا
كەلگەن نىكودىم ئۇلارغا:
51 ــ تەۋرات قانۇنىمىز ئاۋۋال كىشىنىڭ نېمە قىلغىنىنى ئۆزىدىن
ئاڭلاپ بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرامدۇ!
52 ئۇلار جاۋاب قىلىپ: ــ سەنمۇ گالىلىيەدىنمۇ؟ مۇقەددەس يازمىلارنى
كۆر، قېتىرقىنىپ ئوقۇپ باق، گالىلىيەدىن ھېچقانداق پەيغەمبەر
چىقمايدۇ! ــ دېدى.
53 شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە كەتتى.

---

**48:7** يەش. 18:33؛ يۇھ. 42:12؛ 1كور. 20:1؛ 8:2.

**49:7 «تەۋرات قانۇنىنى بىلمەيدىغان بۇ چۈپرەندىلەر لەنەتكە قالىدۇ!»** ــ «چۈپرەندىلەر» ئاددىي خەلقنى كۆرسىتىدۇ. ئاقساقاللار ۋە پەرىسىيلەر ئۇلارنى ئىنتايىن كەمسىتەتتى.

**50:7** يۇھ. 2:3؛ 39:19.

**51:7** مىس. 1:23؛ لاۋ. 15:19؛ قان. 17:1؛ 8:17؛ 15:19.

52:7 **«مۇقەددەس يازمىلارنى كۆر، قېتىرقىنىپ ئوقۇپ باق، گالىلىيەدىن ھېچقانداق پەيغەمبەر چىقمايدۇ!»** ــ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىدە گالىلىيەلىك بولغان يۇنۇس پەيغەمبەرنى قەستەن ئۇنتۇغاندى. چۈنكى تەۋراتنىڭ «يۇنۇس پەيغەمبەر» دېگەن قىسمىدا، خۇدانىڭ **يەھۇدىي ئەمەسلەرگە** نىجات پۇرسىتىنى يەتكۈزگەنلىكى ئېنىق خاتىرىلىنىدۇ. ئۇلار يەنە «يەش.» 8:12دىكى بېشارەت، يەنى مەسىھنىڭ ئۆز خىزمىتىنى گالىلىيەدە باشلايدىغانلىقى توغرۇلۇق بېشارەتنى قەستەن ئۇنتۇغان ئوخشايدۇ.

53:7 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە كەتتى»** ــ «ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە

## زىنا ئۈستىدە تۇتۇلغان ئايال

8 [1]ئەيسا بولسا زەيتۇن تېغىغا چىقىپ كەتتى. [2]ئەتىسى سەھەردە، ئۇ
يەنە ئىبادەتخانا ھويلىلىرىغا كىردى ۋە خالايىقنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكەنىدى. ئۇ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا تەلىم بېرىشكە
باشلىدى. [3]شۇ چاغدا، تەۋرات ئۇستازلىرى بىلەن پەرىسىيلەر زىنا
قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان بىر ئايالنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.
ئۇلار ئايالنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، [4]ئۇنىڭدىن:
ئۇستاز، بۇ ئايال دەل زىنا ئۈستىدە تۇتۇۋېلىندى. [5]مۇسا پەيغەمبەر
تەۋرات قانۇنىدا بىزگە مۇشۇنداق ئاياللارنى چالما-كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلغان. ئەمدى سەنچە، ئۇنى قانداق قىلىش
كېرەك؟ — دەپ سوراشتى. [6]ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى
نىيىتى، ئۇنى تۇزاققا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇدەك
بىرەر باھانە ئىزدەش ئىدى. ئەمما ئەيسا ئېڭىشىپ، بارمىقى بىلەن
يەرگە بىر نېمىلەرنى يازغىلى تۇردى. [7]ئۇلار شۇ سوئالنى توختىماي
سوراۋاتاتتى، ئۇ رۇسلىنىپ ئۇلارغا:

---

كەتتى» دېگەنلىك بەلكىم نىكودىمنىڭ سوئالى ئۇلارنىڭ ۋىجدانىغا سانجىلغان بولسا كېرەك.

4:8 **«ئۇستاز، بۇ ئايال دەل زىنا ئۈستىدە تۇتۇۋېلىندى»** — «زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان» ئايال بار ئىدى، لېكىن ئەركەك قېنى؟

5:8 **«مۇسا پەيغەمبەر تەۋرات قانۇنىدا بىزگە مۇشۇنداق ئاياللارنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلغان»** — قىزىق يېرى شۇكى، ئۇلار پەقەت «ئاياللار»نى تىلغا ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە تەۋرات قانۇنى بويىچە زىنا قىلغان ئەركەكلەرنىمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش كېرەك ئىدى

**5:8** لاۋ. 10:20؛ قان. 22:22.

6:8 **«ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى نىيىتى، ئۇنى تۇزاققا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇدەك بىرەر باھانە ئىزدەش ئىدى»** — ئەگەر ئەيسا «بۇ ئايالغا رەھىم قىلىش كېرەك» دېسە، ئۇلار دەرھال «سەن مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنى ئۈندەيسەن، دەيتتى. باشقا بىر تەرەپتىن، شۇ چاغدا يەھۇدىي خەلقى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قانۇنى ئاستىدا تۇرغاچقا، يەھۇدىيلار ئۆزلىرى ھېچكىمگە ئۆلۈم جازاسىنى بەجا كەلتۈرۈش ھوقۇقى يوق ئىدى. شۇڭا ئەگەر ئەيسا «چالما-كېسەك قىلىنسۇن» دېسە، ئۇ چاغدا ئۇلار رىملىقلارغا «مۇشۇ كىشى رىم ئىمپېرىيەسىگە قارشى چىقتى!» دېگەندەك شىكايەت قىلالاتتى.

**ئاراڭلاردىكى كىم گۇناھسىز بولسا، بۇ ئايالغا بىرىنچى تاشنى ئاتسۇن! ــ دېدى.**

**[8]ئاندىن ئۇ يەنە ئېڭىشىپ، يەرگە يېزىشنى داۋاملاشتۇردى. [9]ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئالدى بىلەن ياشانغانلىرى، ئاندىن قالغانلىرى بىر-بىرلەپ ھەممىسى ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشتى. ئاخىرىدا ئەيسا ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرغان ھېلىقى ئايال بىلەن يالغۇز قالدى. [10]ئەيسا رۇسلىنىپ تۇرۇپ، شۇ ئايالدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن:**
**خانىم، ساڭا ھېلىقى شىكايەت قىلغانلار قېنى؟ سېنى گۇناھقا بېكىتىدىغان ھېچكىم چىقمىدىمۇ؟ ــ دەپ سورىۋىدى، [11]ــ ھەزرەتلىرى، ھېچكىم چىقمىدى، ــ دېدى ئايال.**
**ئەيسا:**
**مەنمۇ سېنى گۇناھقا بېكىتمەيمەن. بارغىن، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە گۇناھ قىلمىغىن! ــ دېدى.**

---

**7:8** قان. 7:17.

**8:8** يەر. 13:17.

9:8 **«ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئالدى بىلەن ياشانغانلىرى، ئاندىن قالغانلىرى بىر-بىرلەپ ھەممىسى ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشتى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشى بىلەن ئالدى بىلەن ياشانغانلىرى، ئاندىن قالغانلىرى بىر-بىرلەپ ھەممىسى ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشتى» دېيىلىدۇ.

11:8 **«مەنمۇ سېنى گۇناھقا بېكىتمەيمەن. بارغىن، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە گۇناھ قىلمىغىن!»** ــ 7:53-8:11-ئايەتلەر بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ. بىزنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ «زىنا گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى» توغرىسىدىكى ئايەتلەر بەزى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ زىتىغا قاتتىق تەگكەن بولسا كېرەك.

**11:8** يۇھ. 14:5.

## ئەيسا دۇنيانىڭ نۇرىدۇر

[12] شۇڭا ئەيسا يەنە كۆپچىلىككە سۆز قىلىپ:
دۇنيانىڭ نۇرى ئۆزۈمدۇرمەن. ماڭا ئەگەشكەنلەر قاراڭغۇلۇقتا
ماڭمايدۇ، ئەكسىچە ھاياتلىق نۇرىغا ئىرىشىدۇ، ــ دېدى.
[13] پەرىسىيلەر:
سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ گۇۋاھلىق بېرىۋاتىسەن. شۇڭا سېنىڭ
گۇۋاھلىقىڭ راست ھېسابلانمايدۇ، ــ دېيىشتى.
[14] ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
ھەتتا مەن ئۆزۈمگە گۇۋاھلىق بەرسەممۇ، گۇۋاھلىقىم
ھەقتۇر، چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىمنى ۋە
قەيەرگە بارىدىغانلىقىمنى بىلىمەن. لېكىن سىلەر قەيەردىن
كەلگەنلىكىمنى ۋە قەيەرگە بارىدىغانلىقىمنى بىلمەيسىلەر.
[15] سىلەر ئەت ئىگىلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ھۆكۈم قىلىسىلەر.
بىراق مەن ھېچكىمنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم قىلمايمەن. [16] مەن
ھۆكۈم قىلساممۇ، ھۆكۈمۈم ھەقىقىيدۇر؛ چۈنكى مەن يالغۇز
ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكەن ئاتا بۇ ئىشتا مەن بىلەن
بىللىدۇر. [17] سىلەرگە تەۋە بولغان تەۋرات قانۇنىدا: «ئىككى

12:8 يەش. 16:42؛ يۇھ. 1:9؛ 5:9؛ 35:12، 36.

14:8 يۇھ. 31:5.

15:8 **«سىلەر ئەت ئىگىلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ھۆكۈم قىلىسىلەر»** ــ «ئەت ئىگىلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە» ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، ئىنجىلدا «ئەت» ياكى «ئەتلەر» كۆپ يەرلەردە ئىنسانلارنىڭ خۇداغا تايانماي ئۆزلۈكىدىن ئىش قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

16:8 **«بىراق مەن ھېچكىمنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم قىلمايمەن. مەن ھۆكۈم قىلساممۇ، ھۆكۈمۈم ھەقىقىيدۇر»** ــ ئەيسا مەسىھ بۇ دۇنيادا تۇرغاندا **كىشىلەرنىڭ** ئۈستىگە ھۆكۈم قىلمايتتى (سوراققا تارتمايتتى)، بەلكى **ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ** ئۈستىگە، توغرا، توغرا ئەمەس، دەپ ھۆكۈم قىلاتتى. پەقەت ئاخىرەتكە كەلگەندە ئاندىن ئۇ بارلىق كىشىلەرنى سوراققا تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەلۋەتتە. پەرىسىيلەر بولسا ئۆزلىرىنى سوراقچى، مەسىھنى سوراققا تارتىش ھوقۇقىمىز بار دەپ قارايتتى. **«مېنى ئەۋەتكەن ئاتا بۇ ئىشتا مەن بىلەن بىللىدۇر»** ــ «بۇ ئىشتا» دېگەن سۆزلەر ئەينى تېكىستتە بولمىسىمۇ، مەنىسى دەل

ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بولسا راست ھېسابلىنىدۇ» دەپ پۈتۈلگەندۇر.
[18] راست، مەن ئۆزۈم توغرامدا ئۆزۈم گۇۋاھلىق بېرىمەن، ۋە مېنى ئەۋەتكەن ئاتىمۇ مېنىڭ توغرامدا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.
[19] ئۇلار ئۇنىڭدىن: ــ ئاتاڭ قەيەردە؟ ــ دەپ سوراشتى.
ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ــ سىلەر يا مېنى تونۇمايسىلەر، يا ئاتامنى تونۇمايسىلەر. مېنى تونۇغان بولساڭلار، ئاتامنىمۇ تونۇيتتۇڭلار، ــ دېدى.
[20] ئەيسا بۇ سۆزلەرنى ئىبادەتخانىدا تەلىم بەرگىنىدە، سەدىقە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئېيتقانىدى. بىراق ھېچكىم ئۇنى تۇتمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقىت-سائىتى تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى.

## ئەيسانىڭ ئېتىقادسىزلارغا ئاگاھ بېرىشلىرى

[21] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارغا يەنە:
مەن بۇ يەردىن كېتىمەن؛ سىلەر مېنى ئىزدەيسىلەر، لېكىن ئۆز گۇناھىڭلار ئىچىدە ئۆلىسىلەر. مەن كېتىدىغان يەرگە سىلەر بارالمايسىلەر، ــ دېدى.

«مېنىڭ ھۆكۈم قىلغىنىم پەقەت ئۆزۈمدىن ئەمەس، بۇنىڭدا ئاتا مەن بىلەن بىللىدۇر» دېگەندەكتۇر.
17:8 **«سىلەرگە تەۋە بولغان تەۋرات قانۇنىدا...»** ــ گرېك تىلىدا «سىلەرنىڭ تەۋرات قانۇنىڭلاردا» دېيىلىدۇ. بۇ ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپتۇر. پەرىسىيلەر دائىم: «تەۋرات قانۇنىنى تىرىشىپ-تىرمىشىپ، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۆزلەشتۇرگۈچىلەر پەقەت بىزلەرمىز» دەپ ھالىنى چوڭ قىلىپ يۈرۈشەتتى. ئەمەلىيەتتە «تەۋرات قانۇنى» خۇدانىڭ بارلىق خەلقىگە تەۋە ئىدى، ئەلۋەتتە. 34:10 ۋە 25:15نىمۇ كۆرۈڭ. **«ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بولسا راست ھېسابلىنىدۇ»** ــ «قان.» 6:17.
**17:8** چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 15:19؛ مات. 16:18؛ 2كور. 1:13؛ ئىبر. 28:10.
**18:8** مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ يـۇھ. 33:1؛ 37:5؛ 27:6.
**19:8** يـۇھ. 9:14؛ 3:16.
**20:8** **«سەدىقە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا»** ــ ياكى «خەزىنىدە».
**20:8** يـۇھ. 30:7.
**21:8** يـۇھ. 34:7؛ 33:13.

22 بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار:
ئۇ: «مەن كېتىدىغان يەرگە سىلەر بارالمايسىلەر» دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانلىقىدىن دېگىنىمىدۇ؟ ــ دېيىشتى.
23 ئەيسا ئۇلارغا:
سىلەر تۆۋەندىندۇرسىلەر، مەن يۇقىرىدىندۇرمەن. سىلەر بۇ
دۇنيادىندۇرسىلەر، مەن بۇ دۇنيادىن ئەمەسمەن. 24 شۇنىڭ ئۈچۈن
سىلەرگە: «گۇناھلىرىڭلار ئىچىدە ئۆلىسىلەر» دېدىم. چۈنكى سىلەر
مېنىڭ «ئەزەلدىن بار بولغۇچى» ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىسەڭلار،
گۇناھلىرىڭلار ئىچىدە ئۆلىسىلەر، ــ دېدى.
25 سەن زادى كىم؟ ــ دەپ سوراشتى ئۇلار.
ئەيسا ئۇلارغا: ــ باشتا سىلەرگە نېمە دېگەن بولسام، مەن شۇ.
26 ئۆزۈمنىڭ سىلەرنىڭ توغراڭلاردا ۋە ئۇستۈڭلاردىن ھۆكۈم
قىلىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار؛ لېكىن مېنى ئەۋەتكۈچى ھەقتۇر
ۋە مەن ئۇنىڭدىن نېمىنى ئاڭلىغان بولسا، بۇلارنىلا دۇنيادىكىلەرگە

---

**23:8** يۇھ. 31:3.

24:8 **«چۈنكى سىلەر مېنىڭ «ئەزەلدىن بار بولغۇچى» ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىسەڭلار، گۇناھلىرىڭلار ئىچىدە ئۆلىسىلەر»** ــ ياكى «چۈنكى سىلەر مېنىڭ «مەن بولىمەن» ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىسەڭلار، گۇناھلىرىڭلار ئىچىدە ئۆلىسىلەر». «ئەزەلدىن بار بولغۇچى» ياكى ««مەن بولىمەن» ــ بۇ خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە ئاشكارىلىغان نامى بولۇپ («مىس.» 14:3)، ئەيسامۇ بۇ نامنى ئۆزىگە قوللانغان. باشقا بىر تەرجىمىسى: «مېنىڭ **ئۇ** (يەنى، مەسىھ) ئىكەنلىكىمگە...». لېكىن «يۇھاننا»دا ئوخشاش شۇ ئىبارە تېپىلىدىغان كۆپ باشقا ئايەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا (مەسىلەن، 28-، 58-ئايەت) بۇ تەرجىمىمىز توغرا بولۇشى كېرەك.

**24:8** يۇھ. 21:8.

ئۇقتۇرۇپ ئېيتىمەن، ــ دېدى.
[27] ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتقانلىرىنىڭ ئاتا توغرۇلۇق ئىكەنلىكىنى
چۈشىنەلمىدى. [28] شۇڭا ئەيسا مۇنداق دېدى:
سىلەر ئىنسانئوغلىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، مېنىڭ «ئەزەلدىن بار
بولغۇچى» ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر ۋە شۇنداقلا ھېچ ئىشنى
ئۆزلۈكۈمدىن قىلمىغانلىقىمنى، پەقەت ئاتىنىڭ ماڭا ئۆگەتكىنىنىلا
سۆزلىگەنلىكىمنىمۇ بىلىسىلەر. [29] مېنى ئەۋەتكۈچى مەن بىلەن
بىللىدۇر، ئۇ مېنى ئەسلا يالغۇز قويمىدى، چۈنكى مەن ھەمىشە
ئۇنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن.
[30] ئەيسا بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغنىڭ ئۆزىدە، نۇرغۇن كىشىلەر
ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى.

---

26:8 **«ئۆزۈمنىڭ سىلەرنىڭ توغراڭلاردا ۋە ئۈستۈڭلاردىن ھۆكۈم قىلىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار؛ لېكىن مېنى ئەۋەتكۈچى ھەقتۇر ۋە مەن ئۇنىڭدىن نېمىنى ئاڭلىغان بولسا، بۇلارنىلا دۇنيادىكىلەرگە ئۇقتۇرۇپ ئېيتىمەن»** ــ مەسىھنىڭ پەرىسىيلەرگە ئېيتقان باشقا كۆپ سۆزلىرىگە ئوخشاش، بۇ سۆزى ئىنتايىن ئىخچامدۇر. بىزنىڭچە ئومۇمىي مەنىسى: «سىلەر توغرۇلۇق نۇرغۇن ئەيىبلەيدىغان سۆزلىرىم بار. بۇ سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلماسلىقىڭلار مۇمكىن. لېكىن مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمدىن ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكەن ئاتامدىندۇر؛ شۇڭا ئىشىنىشىڭلار كېرەك؛ چۈنكى نېمىنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىسام، شۇنى دۇنياغا ئېيتىمەن» دېگەندەك بولسا كېرەك.
**26:8** يـۇھ. 28:7؛ 15:15؛ رىم. 4:3.
27:8 **«ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتقانلىرىنىڭ ئاتا توغرۇلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى»** ــ «ئاتا» ئۆز ئاتىسى خۇدا، ئەلۋەتتە. دېمىسەكمۇ، مەسىھنىڭ نېمىشقا بەزىدە پەقەت «ئاتا» ۋە باشقا يەرلەردە «ئاتام» دېيىشىنى تەتقىق قىلىش بەك پايدىلىق ئىشتۇر.
28:8 **«سىلەر ئىنسانئوغلىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن...»** ــ «ئىنسانئوغلىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى» ئاۋۋال ئەيسانىڭ كرېستلىنىشى، ئاندىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ خۇدانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. 12:32-34نىمۇ كۆرۈڭ. **«مېنىڭ «ئەزەلدىن بار بولغۇچى» ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر»** ــ 24-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
**28:8** چۆل. 9:21؛ 2پاد. 4:18؛ يـۇھ. 3:11، 14؛ 16:7؛ 32:12، 49؛ 10:14.
**29:8** يـۇھ. 10:14؛ 32:16.
**30:8** يـۇھ. 31:7.

## ھەقىقىي ئەركىنلىك توغرۇلۇق

31 ئەيسا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغان يەھۇدىيلارغا:
ئەگەر مېنىڭ سۆز-كالامىمدىن چىقماي تۇرساڭلار، مېنىڭ ھەقىقىي
مۇخلىسلىرىم بولغان بولىسىلەر، 32 ۋە ھەقىقەتنى بىلىسىلەر ۋە
ھەقىقەت سىلەرنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدۇ، ـ دېدى.
33 ئۇلار جاۋابەن: ـ بىز ئىبراھىمنىڭ نەسلىمىز، ـ ھېچقاچان
ھېچكىمنىڭ قۇللۇقىدا بولمىدۇق. سەن قانداقسىگە: ئازادلىققا
ئېرىشىسىلەر، دەيسەن؟ ـ دېدى.
34 ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ـ بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە
شۇنى ئېيتىپ قويايكى، گۇناھ سادىر قىلغان كىشى گۇناھنىڭ
قۇلىدۇر. 35 قۇل ئائىلىدە مەڭگۈ تۇرمايدۇ، لېكىن ئوغۇل مەڭگۈ
تۇرىدۇ. 36 شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇل سىلەرنى ئازاد قىلسا، ھەقىقىي ئازاد
بولىسىلەر. 37 سىلەرنىڭ ئىبراھىمنىڭ نەسلى ئىكەنلىكىڭلارنى
بىلىمەن. بىراق مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر، چۈنكى
مېنىڭ سۆزۈم ئىچىڭلاردىن ئورۇن ئالمىدى. 38 مەن ئاتامنىڭ يېنىدا

---

**32:8** رىم. 6:18؛ گال. 5:1؛ 1پېت. 2:16.

**33:8** مات. 3:9.

**34:8** رىم. 6:20؛ 2پېت. 2:1.

**35:8 «قۇل ئائىلىدە مەڭگۈ تۇرمايدۇ، لېكىن ئوغۇل مەڭگۈ تۇرىدۇ»** ـ دېمەك، بىرسى «قۇل» بولسا (مۇشۇ يەردە «گۇناھنىڭ قۇلى») ھەرقانداق ئۆي ئىگىسى بىلەن مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزاسى بولالمايدۇ؛ پەقەت ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنلا مەڭگۈلۈك مۇناسىۋىتى بولىدۇ؛ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوغلى ئۆي ئىگىسىنىڭ ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمدى «ئۆي ئىگىسى» خۇدا بولسا، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ تولۇق ھوقۇقلۇق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئىش 36-ئايەتتىكى ھەقىقەت بىلەن زىچ باغلىنىدۇ.

**36:8 «شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇل سىلەرنى ئازاد قىلسا، ھەقىقىي ئازاد بولىسىلەر»** ـ يۇقىرىقى ئىزاھاتىمىزنى كۆرۈڭ. «قۇل» «قۇل»نى ئازاد قىلمايدۇ، «قۇل»نى ئازاد قىلالايدىغان پەقەت ئۆزى ئازاد بولغان كىشى، ئەلۋەتتە. ئەمدى بۇ دۇنيادا كىم گۇناھتىن ئازادتۇر؟ مەسىھتىن باشقا ھەربىر كىشى گۇناھنىڭ قۇلىدۇر، ھەقىقىي ئازاد بولغان كىشى پەقەت «ئوغۇل»، يەنى مەسىھدۇر؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىلارنى (ئۇلاردا ئېتىقاد بولسا) گۇناھنىڭ كۈچىدىن ئازاد قىلالايدۇ.

**36:8** رىم. 8:2.

كۆرگەنلىرىمنى ئېيتىۋاتىمەن؛ سىلەر بولساڭلار ئۆز ئاتاڭلاردىن
كۆرگەنلىرىڭلارنى قىلىۋاتىسىلەر!
[39] ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ــ بىزنىڭ ئاتىمىز ئىبراھىمدۇر، ــ دېدى.
ئەيسا ئۇلارغا: ــ ئەگەر ئىبراھىمنىڭ پەرزەنتلىرى بولساڭلار،
ئىبراھىمنىڭ ئەمەللىرىنى قىلغان بولاتتىڭلار! [40] بىراق ھازىر
ئەكسىچە مېنى، يەنى خۇدادىن ئاڭلىغان ھەقىقەتنى سىلەرگە
يەتكۈزگەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلەيسىلەر. ئىبراھىم
ئۇنداق ئىشنى قىلمىغان. [41] سىلەر ئۆز ئاتاڭلارنىڭ قىلغىنىنى
قىلىۋاتىسىلەر! ــ دېدى.
بىز ھارامدىن بولغان ئەمەسمىز! بىزنىڭ پەقەت بىرلا ئاتىمىز بار، ئۇ
بولسا خۇدادۇر! ــ دېيىشتى ئۇلار.
[42] ئەيسا ئۇلارغا: ــ ئاتاڭلار خۇدا بولغان بولسا، مېنى سۆيگەن
بولاتتىڭلار؛ چۈنكى مەن خۇدانىڭ باغرىدىن چىقىپ، بۇ يەرگە كەلدىم.
مەن ئۆزلۈكۈمدىن كەلگەن ئەمەسمەن، بەلكى ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئە
ۋەتىلگەنمەن. [43] سۆزلىرىمنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىلەر؟ ئېنىقكى،
مېنىڭ سۆز-كالامىم قۇلىقىڭلارغا كىرمەيۋاتىدۇ! [44] سىلەر ئاتاڭلار
ئىبلىستىن بولغانسىلەر ۋە ئۇنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە ئەمەل
قىلىشنى خالايسىلەر. ئۇ ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ قاتىل

---

**38:8 «سىلەر بولساڭلار ئۆز ئاتاڭلاردىن كۆرگەنلىرىڭلارنى قىلىۋاتىسىلەر!»** ــ ياكى «سىلەر بولساڭلار ئۆز ئاتاڭلاردىن ئاڭلىغانلىرىڭلارنى قىلىۋاتىسىلەر!».

**38:8** يۇھ. 3:11؛ 16:7؛ 49:12؛ 10:14، 24.

**39:8** رىم. 2:28؛ 7:9.

**40:8** يۇھ. 17:17.

**41:8 «سىلەر ئۆز ئاتاڭلارنىڭ قىلغىنىنى قىلىۋاتىسىلەر!»** ــ «ئۆز ئاتاڭلار» ــ ئىبلىسنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. 44-ئايەتنى كۆرۈڭ. **«بىز ھارامدىن بولغان ئەمەسمىز!»** ــ بۇ دارتىما گەپ. ئۇلار ئەيسانىڭ مەريەمدىن تۇغۇلۇشىنى «بىر ئاتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس»، بەلكى «ھارامدىن بولغان» دەپ پۈرىتىپ، ئۇنىڭدىن ئېۋەن تاپماقچى ئىدى.

**42:8 «مەن خۇدانىڭ باغرىدىن چىقىپ...»** ــ گرېك تىلىدا «مەن خۇدانىڭ ئىچىدىن چىقىپ...».

**42:8** يۇھ. 5:43؛ 7:29.

ئىدى ۋە ئۇنىڭدا ھەقىقەت بولمىغاچقا، ھەقىقەتتە تۇرمىغان. ئۇ
يالغان سۆزلىگەندە، ئۆز تەبىئىتىدىن سۆزلەيدۇ، چۈنكى ئۇ يالغانچى
ۋە شۇنداقلا يالغانچىلىقنىڭ ئاتىسىدۇر. [45]لېكىن مەن ھەقىقەتنى
سۆزلىگىنىم ئۈچۈن، ماڭا ئىشەنمەيسىلەر. [46]قايسىڭلار مېنى
گۇناھى بار دەپ دەلىللىيەلەيسىلەر، قېنى؟ ھەقىقەتنى سۆزلىسەم،
نېمە ئۈچۈن ماڭا ئىشەنمەيسىلەر؟ [47]خۇدادىن بولغان كىشى خۇدانىڭ
سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ؛ سىلەر ئۇلارنى ئاڭلىمايسىلەر، چۈنكى سىلەر
خۇدادىن بولغان ئەمەسسىلەر!
[48]يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا جاۋابەن:
ئەجەبا، بىزنىڭ سېنى: «سامارىيەلىك ھەم جىن چاپلاشقان ئادەم»سەن
دېگىنىمىز توغرا ئەمەسمۇ؟ ــ دېيىشتى.
[49]ئەيسا جاۋابەن: ــ ماڭا جىن چاپلاشقىنى يوق، بەلكى مەن
ئاتامنى ھۆرمەت قىلىمەن؛ لېكىن سىلەر ماڭا ھۆرمەتسىزلىك
قىلىۋاتىسىلەر. [50]مەن ئۆز شان-شەرىپىمنى ئىزدىمەيمەن؛ لېكىن
بۇنى ئىزدىگۈچى ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى بىرسى بار.
[51]بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ
سۆز-كالامىمنى تۇتىدىغان كىشى ئەبەدىلئەبەد ئۆلۈم كۆرمەيدۇ.
[52]شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا:
ساڭا دەرۋەقە جىن چاپلاشقانلىقىنى ئەمدى بىلدۇق! ھەتتا ھەزرىتى

---

**44:8 «... ئىبلىس يالغانچى ۋە شۇنداقلا يالغانچىلىقنىڭ ئاتىسىدۇر»** ــ ياكى «... ئۇ (ئىبلىس) يالغانچى ۋە شۇنداقلا يالغانچىلىقنىڭ پىرىدۇر».

**44:8** يار. 1:3؛ 2كور. 3:11؛ 1يۇھ. 8:3.

**47:8** يۇھ. 37:6؛ 26:10، 27؛ 1يۇھ. 6:4.

**48:8 ««سامارىيەلىك ھەم جىن چاپلاشقان ئادەم»سەن»** ــ «سامارىيەلىكلەر» يەھۇدىيلار كۆزگە ئىلمايدىغان بىر خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىچە سامارىيەلىكلەر خۇدانىڭ سۆزىنى بۇرمىلىغان كاپىرلار ۋە جىن تەگكەنلەردۇر.

**48:8** يۇھ. 20:7؛ 20:10.

**49:8** يۇھ. 18:7.

**51:8** يۇھ. 24:5؛ 25:11.

**ئىبراھىم ۋە پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆلگەن تۇرسا، سەن قانداقسىگە:**
**«مېنىڭ سۆز-كالامىمنى تۇتىدىغان كىشى ئەبەدىلئەبەد ئۆلۈم**
**تېتىمايدۇ» دەيسەن؟ 53 ئەجەبا، سەن ئاتىمىز ئىبراھىمدىن**
**ئۇلۇغمۇسەن؟ ئۇ ئۆلدى، پەيغەمبەرلەر ھەم ئۆلدى!؟ سەن ئۆزۈڭنى كىم**
**قىلماقچىسەن؟**
**54 ئەيسا جاۋابەن مۇنداق دېدى:**
**ئەگەر مەن ئۆزۈمنى ئۇلۇغلىسام، ئۇنداقتا ئۇلۇغلۇقۇم ھېچنەرسە**
**ھېسابلانمايتتى. بىراق مېنى ئۇلۇغلىغۇچى ــ سىلەر «ئۇ بىزنىڭ**
**خۇدايىمىز» دەپ ئاتايدىغان ئاتامنىڭ ئۆزىدۇر. 55 سىلەر ئۇنى**
**تونۇمىدىڭلار، لېكىن مەن ئۇنى تونۇيمەن. ئۇنى تونۇمايمەن دېسەم،**
**سىلەردەك يالغانچى بولاتتىم؛ بىراق مەن ئۇنى تونۇيمەن ۋە ئۇنىڭ**
**سۆز-كالامىنى تۇتىمەن. 56 ئاتاڭلار ئىبراھىم مېنىڭ كۈنۈمنى**
**كۆرىدىغانلىقىدىن يايراپ-ياشىندى ھەم دەرۋەقە ئۇنى ئالدىنئالا**
**كۆرۈپ شادلاندى.**
**57 ــ سەن تېخى ئەللىك ياشقا كىرمەي تۇرۇپ، ئىبراھىمنى كۆردۈڭمۇ؟**
**ــ دېيىشتى ئۇلار.**
**58 ئەيسا ئۇلارغا:**
**بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئىبراھىم**
**تۇغۇلماستىلا، مەن بار بولغۇچىدۇرمەن! ــ دېدى.**

---

**53:8** ئىبر. 13:11.

**56:8 «ئاتاڭلار ئىبراھىم مېنىڭ كۈنۈمنى كۆرىدىغانلىقىدىن يايراپ-ياشىندى»** ــ ئەيسانىڭ «مېنىڭ كۈنۈم» دېگىنى نېمىنى كۆرستىدۇ؟ بىزنىڭچە بۇ ئىبارە: (1) ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۆرستىدۇ؛ (2) ئۇنىڭ شان-شەرەپ ئىچىدە قايتىپ كېلىدىغان كۈنىنىمۇ كۆرستىدۇ. ئىبراھىم قاچان ئالدىنئالا بۇنى كۆرگەن؟ يەھۇدىي «رابىبلار»نىڭ كۆپىنچىسى «ئىبراھىم ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلىشقا سۇنغان ۋاقىتتا باقىي ئالەم ئۇنىڭغا ئايان قىلىنغان» دەپ قارايتتى ۋە بىزمۇ بۇ پىكىرگە مايىلمىز.

**56:8** يار. 17:17؛ لۇقا 10:24؛ ئىبر. 13:11.

**58:8 «ئىبراھىم تۇغۇلماستىلا، مەن بار بولغۇچىدۇرمەن!»** ــ «مەن بار بولغۇچىدۇرمەن» دېگىنى يەنىلا «مىس.» 14:3دە، مۇسا پەيغەمبەرگە ۋەھىي قىلىنغان، خۇدانىڭ «مەن

[59]بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى چالما-كېسەك قىلغىلى قوللىرىغا يەردىن
تاش ئالدى؛ لېكىن ئەيسا ئۇلارغا كۆرۈنمەي، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
ئۆتۈپ ئىبادەتخانىدىن چىقىپ كەتتى.

## ئەيسانىڭ تۇغما قارىغۇنى ساقايتىشى

9 [1]ۋە ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، تۇغما قارىغۇ بىر ئادەمنى كۆردى.
[2]مۇخلىسلىرى ئۇنىڭدىن:
ئۇستاز، كىم گۇناھ قىلىپ ئۇنىڭ قارىغۇ تۇغۇلغىنىغا سەۋەب بولغان؟
ئۇ ئۆزىمۇ يا ئاتا-ئانىسىمۇ؟ ــ دەپ سوراشتى.
[3]ئەيسا مۇنداق جاۋاب بەردى:
ئۆزى ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىدىن ئەمەس،
بەلكى خۇدانىڭ ئۆز ئەمەللىرى ئۇنىڭدا ئايان قىلىنىسۇن دەپ شۇنداق
بولغان. [4]كۈنىنىڭ يورۇقىدا، مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئەمەللىرىنى ئادا
قىلىشىم كېرەك. كەچ كىرسە، شۇ چاغدا ھېچكىم ئىش قىلالمايدۇ.

---

ئۆزۈمدۇرمەن»، ياكى بولمىسا «مەن ئەزەلدىن بار بولغۇچىدۇرمەن» دېگەن ئۇلۇغ نامنى كۆرسىتىدۇ. ئەيسانىڭ بۇ نامنى ئۆزىگە ئالغىنى ئۇنىڭ خۇدالىق تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ. يەھۇدىيلار ئۇنىڭ بۇ گېپىنى توغرا چۈشىنىدۇ، لېكىن قەتئىي ئىشەنمەيدۇ (59-ئايەتنى كۆرۈڭ).

59:8 **«بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى چالما-كېسەك قىلغىلى قوللىرىغا يەردىن تاش ئالدى»** ــ يەھۇدىي خەلقى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنەتتى، لېكىن ئىشەنمەي «كۇپۇرلۇق قىلغۇچى!» دەپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. **«لېكىن ئەيسا ئۇلارغا كۆرۈنمەي، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ ئىبادەتخانىدىن چىقىپ كەتتى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە پەقەت «لېكىن ئەيسا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئىبادەتخانىدىن چىقىپ كەتتى» دېيىلىدۇ.

**59:8** لۇقا 29:4؛ يـۇھ. 31:10، 39؛ 8:11.

2:9 **«ئۇستاز»** ــ گرېك تىلىدا «راببى».

4:9 **«مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئەمەللىرىنى ئادا قىلىشىم كېرەك»** ــ ياكى «مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئەمەللىرىنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك». **«كەچ كىرسە، شۇ چاغدا ھېچكىم ئىش قىلالمايدۇ»** ــ ئەيسانىڭ يەر يۈزىدە بولىدىغان خىزمىتىگە بەلكىم پەقەت ئالتە ئاي قالغان بولسا كېرەك.

[5] مەن دۇنيادا تۇرغان ۋاقتىمدا، دۇنيانىڭ نۇرى ئۆزۈمدۇرمەن.
[6] بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە تۈكۈرۈپ، تۈكۈرۈكتىن
لاي قىلىپ، لاينى ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە سۈرۈپ قويدى
[7] ۋە ئۇنىڭغا: «سىلوئام كۆلچىكى»گە بېرىپ يۇيۇۋەتكىن» دېدى
(«سىلوئام» ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ، «ئەۋەتىلگەن» دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ). شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم بېرىپ يۇيۇۋىدى، كۆزى
كۆرىدىغان بولۇپ قايتىپ كەلدى. [8] قوشنىلىرى ۋە ئۇ ئىلگىرى
تىلەمچىلىك قىلغىنىدا ئۇنى كۆرگەنلەر:
بۇ ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ھېلىقى ئادەم ئەمەسمۇ؟ ــ
دېيىشىپ كەتتى.
[9] بەزىلەر: «ھەئە، شۇ ئىكەن» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ياق، ئۇ ئەمەس،
لېكىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىكەن» دېيىشتى.
بىراق ئۇ ئۆزى:
مەن دەل شۇ كىشى بولىمەن! ــ دېدى.
[10] ــ ئۇنداقتا كۆزلىرىڭ قانداق ئېچىلدى؟ ــ دەپ سوراشتى ئۇلار.
[11] ئۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى:
ئەيسا ئىسىملىك بىر كىشى تۈكۈرۈكتىن لاي قىلىپ كۆزلىرىمگە
سۈرۈپ قويۇۋىدى، ماڭا: «سىلوئام كۆلچىكىگە بېرىپ يۇيۇۋەتكىن»

---

**5:9** يەش. 6:42؛ لۇقا 32:2؛ يۇھ. 1:9؛ 12:8؛ 35:12، 46؛ روس. 47:13.

**6:9** مار. 23:8.

7:9 **«سىلوئام»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «سىلوھا». **ئەيسا ئۇنىڭغا: «سىلوئام كۆلچىكى»گە بېرىپ يۇيۇۋەتكىن» دېدى... ھېلىقى ئادەم بېرىپ يۇيۇۋىدى، كۆزى كۆرىدىغان بولۇپ قايتىپ كەلدى»** ــ بۇ كور ئادەم ئىبادەتخانىغا يېقىن جايدا تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان بولسا، ئىبادەتخانىدىن «سىلوئام كۆلچىكى»گە بىر كىلومېتىردەك كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سەپەر كور ئادەمنىڭ ئىشەنچىگە نىسبەتەن خېلى بىر سىناق ئىدى. لاي قاتتىقلاشقاندىن كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى ھېچ ئاچالمىغان ھالدا مۇشۇ ئۇزۇن يولنى مېڭىشى كېرەك ئىدى. بۇ كور ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۇستىگە يولنى بىكار ماڭسا كۆپ «تىلەمچىلىك ۋاقتى» ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى.

**8:9** روس. 2:3.

دېگەندى. مەن بېرىپ يۇيۇۋىدىم، كۆرەلەيدىغان بولدۇم.
[12] ــ ئۇ ھازىر قەيەردە؟ ــ دەپ سوراشتى ئۇلار.
بىلمەيمەن، ــ دېدى ئۇ.

## پەرىسىيلەرنىڭ مۆجىزىنى سۈرۈشتۈرۈشى

[13] خالايىق ئىلگىرى قارىغۇ بولغان بۇ ئادەمنى پەرىسىيلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى [14] (ئەسلىدە ئەيسا لاي قىلىپ بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى ئاچقان كۈن دەل شابات كۈنى ئىدى). [15] شۇنىڭ بىلەن پەرىسىيلەر قايتىدىن بۇ ئادەمدىن قانداق كۆرەلەيدىغان بولغىنىنى سورىۋىدى، ئۇ ئۇلارغا: ــ ئۇ كۆزلىرىمگە لاي سۈرۈپ قويىدى، مەن يۇيۇۋىدىم ۋە مانا، كۆرەلەيدىغان بولدۇم! ــ دېدى.
[16] شۇنىڭ بىلەن پەرىسىيلەردىن بەزىلىرى:
ئۇ ئادەم خۇدانىڭ يېنىدىن كەلگەن ئەمەس، چۈنكى ئۇ شابات كۈنىنى تۇتمايدۇ، ــ دېيىشتى.
يەنە بەزىلىرى:
ئۇ گۇناھكار ئادەم بولسا، قانداقلارچە بۇنداق مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى يارىتالايتتى؟ ــ دېيىشتى.
بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. [17] ئۇلار قارىغۇ ئادەمدىن يەنە:
ئۇ كۆزلىرىڭنى ئېچىپتۇ، ئەمدى سەن ئۇ توغرۇلۇق نېمە دەيسەن؟ ــ دەپ سوراشتى.

---

**14:9** مات. 1:12؛ مار. 23:2؛ لۇقا 1:6؛ يـۇھ. 9:5.

16:9 **«ئۇ ئادەم خۇدانىڭ يېنىدىن كەلگەن ئەمەس، چۈنكى ئۇ شابات كۈنىنى تۇتمايدۇ»** ــ ئۇلار «ئۇ شابات كۈنىنى تۇتمايدۇ» دەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەيسانىڭ تۈكۈرۈكىدىن لاي قىلىشنى «ئەمگەك قىلىش»، شۇنداقلا شاباتنىڭ «دەم ئېلىش پرىنسىپى»نى بۇزۇش، دەپ قارايتتى. ئەيسا بولسا «ئاتامنىڭ ئەمەللىرىنى ئادا قىلىشىم كېرەك» دېگەنىدى (4-ئايەت). دېمەك، «ئىش قىلغۇچى» ياكى «ئەمەل قىلغۇچى» ئەسلىدە خۇدا ئۆزىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا كىم شۇنداق مۆجىزە يارىتايتتى؟

**16:9** يـۇھ. 2:3؛ 12:7؛ 33:9؛ 19:10.

ئۇ: ــ ئۇ بىر پەيغەمبەر ئىكەن، ــ دېدى.
[18] يەھۇدىيلار كۆرەلەيدىغان قىلىنغان كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى
تېپىپ كەلمىگۈچە، بۇرۇن ئۇنىڭ قارىغۇ ئىكەنلىكىگە ۋە ھازىر
كۆرەلەيدىغان قىلىنغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ ئاتا-
ئانىسىنى چاقىرتىپ، [19] ئۇلاردىن:
بۇ سىلەرنىڭ ئوغلۇڭلارمۇ؟ تۇغما قارىغۇ، دەۋاتاتتىڭلار؟ ئەمدى
ھازىر قانداقلارچە كۆرەلەيدىغان بولۇپ قالدى؟ ــ دەپ سوراشتى.
[20] ئاتا-ئانىسى ئۇلارغا: ــ ئۇنىڭ بىزنىڭ ئوغلىمىز ئىكەنلىكى،
شۇنداقلا تۇغۇلۇشىدىنلا قارىغۇ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز؛ [21] لېكىن
ھازىر قانداقلارچە كۆرەلەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، كۆزلىرىنى
كىم ئاچقانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇ چوڭ ئادەم تۇرسا، بۇنى ئۆزىدىن
سوراڭلار، ئۇ ئۆزى دەپ بەرسۇن، ــ دەپ جاۋاب بەردى.
[22] ئاتا-ئانىسىنىڭ شۇنداق دېيىشى يەھۇدىيلاردىن قورققانلىقى
ئۈچۈن ئىدى؛ چۈنكى يەھۇدىيلار كىمدەكىم ئەيسانى مەسىھ دەپ
ئېتىراپ قىلسا، ئۇ سىناگوگ جامائىتىدىن قوغلاپ چىقىرىلسۇن دەپ
قارار قىلغانىدى. [23] شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى: «ئۇ چوڭ ئادەم
تۇرسا، بۇنى ئۆزىدىن سوراڭلار» دېگەنىدى.
[24] پەرىسىيلەر ئەسلىدە قارىغۇ بولغان ئادەمنى يەنە چاقىرىپ
ئۇنىڭغا:

---

**9:17** لۇقا 7:16؛ 24:19؛ يۇھ. 4:19؛ 6:14.

9:22 **«يەھۇدىيلار كىمدەكىم ئەيسانى مەسىھ دەپ ئېتىراپ قىلسا، ئۇ سىناگوگ جامائىتىدىن قوغلاپ چىقىرىلسۇن دەپ قارار قىلغانىدى»** ــ «سىناگوگتىن چىقىرىلىش»نىڭ نەتىجىسى، جەمئىيەتتىكىلەردىن ھېچكىم سىناگوگتىن چىقىرىلغان كىشى بىلەن باردى-كەلدى قىلمايتتى.

**9:22** يۇھ. 7:13؛ 12:42.

**خۇداغا شان-شەرەپ بېرىپ قەسەم قىل! بىز بۇ ئادەمنىڭ گۇناھكار**
**ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، ــ دېيىشتى. [25] ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:**
**ئۇ گۇناھكارمۇ، ئەمەسمۇ، بىلمەيمەن. بىراق مەن شۇ بىرلا ئىشنى**
**بىلىمەنكى، قارىغۇ ئىدىم، ھازىر كۆرەلەيدىغان بولدۇم.**
**[26] ئۇلار ئۇنىڭدىن يەنە بىر قېتىم:**
**ئۇ سېنى قانداق قىلدى؟ كۆزلىرىڭنى قانداق ئاچتى؟ ــ دەپ سوراشتى.**
**[27] ئۇ جاۋابەن:**
**سىلەرگە ئاللىقاچان ئېيتتىم، بىراق قۇلاق سالمىدىڭلار. سىلەر**
**نېمە دەپ قايتىدىن ئاڭلاشنى خالاپ قالدىڭلار؟ سىلەرمۇ ئۇنىڭ**
**مۇخلىسلىرى بولاي دەۋاتامسىلەر؟! ــ دېدى.**
**[28] بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇنى قاتتىق تىللاپ:**
**سەن ھېلىقىنىڭ مۇخلىسى! بىز بولساق مۇسا پەيغەمبەرنىڭ**
**مۇخلىسلىرىمىز. [29] خۇدانىڭ مۇساغا سۆزلىگەنلىكىنى بىلىمىز؛**
**لېكىن بۇ نېمىنىڭ بولسا قەيەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز، ــ**
**دېيىشتى.**
**[30] ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:**
**ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ! گەرچە سىلەر ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى**
**بىلمىگىنىڭلار بىلەن، ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمنى ئاچتى. [31] بىز**
**بىلىمىزكى، خۇدا گۇناھكارلارنىڭ تىلەكلىرىنى ئاڭلىمايدۇ؛ بىراق**
**ئۆزىگە ئىخلاسمەن بولۇپ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭكىنى**
**ئاڭلايدۇ. [32] دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، بىرەرسىنىڭ تۇغما**
**قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى ئاڭلاپ باققان ئەمەس. [33] ئەگەر بۇ**

24:9 **«خۇداغا شان-شەرەپ بېرىپ قەسەم قىل»** ــ ئەسلىدە گرېك تىلىدا «قەسەم قىل» دېگەن سۆز يوق ئىدى. بۇ ئايەتتە شۇ سۆز بولمىسىمۇ، شۇ مەنە چىقىپ تۇرىدۇ (مەسىلەن «يەشۇئا» 19:7نى كۆرۈڭ). شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى «ئەيساغا ئەمەس، بەلكى خۇداغا شان-شەرەپ بەر» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى «خۇدانى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن راست گەپ قىل، بۇ مۆجىزە ئەسلىدە چوڭ بىر ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك.

**24:9** يە. 19:7.

**31:9** زەب. 18:66؛ پەند. 29:15؛ 9:28؛ يەش. 15:1؛ مك. 4:3.

ئادەم خۇدادىن كەلمىگەن بولسا، ھېچنېمە قىلالمىغان بولاتتى.
34 ئۇلار ئۇنى:
سەن تۇپتىن گۇناھ ئىچىدە تۇغۇلغان تۇرۇقلۇق، بىزگە تەلىم
بەرمەكچىمۇسەن؟ ــ دېيىشىپ، ئۇنى سىناگوگتىن قوغلاپ
چىقىرىۋېتىشتى.

## روھىي قارىغۇلۇق

35 ئەيسا ئۇلارنىڭ ئۇنى سىناگوگتىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئاڭلاپ،
ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ:
سەن، خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلامسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
36 ئۇ جاۋابەن: ــ تەقسىر، ئۇ كىم؟ مەن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلاي، ــ دېدى.
37 ــ سەن ھەم ئۇنى كۆردۇڭ ھەم مانا، ھازىر سەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان
دەل شۇنىڭ ئۆزى، ــ دېدى ئەيسا ئۇنىڭغا. 38 ھېلىقى ئادەم:
ئى رەب، ئېتىقاد قىلىمەن! ــ دەپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى.
39 ــ مەن كورلارنى كۆرىدىغان بولسۇن، كۆرىدىغانلارنى كور بولسۇن دەپ
بۇ دۇنياغا ھۆكۈم چىقىرىشقا كەلدىم، ــ دېدى ئەيسا.
40 ئۇنىڭ يېنىدىكى بەزى پەرىسىيلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن:

---

34:9 **«ئۇلار... ئۇنى سىناگوگتىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشتى»** ــ 22-ئايەت ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ
35:9 **«سەن، خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلامسەن؟»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «سەن، ئىنسانئوغلىغا ئېتىقاد قىلامسەن؟» دەپ پۈتۈلگەن.
39:9 **«مەن كورلارنى كۆرىدىغان بولسۇن، كۆرىدىغانلارنى كور بولسۇن دەپ بۇ دۇنياغا ھۆكۈم چىقىرىشقا كەلدىم»** ــ «ھۆكۈم چىقىرىشقا كەلدىم» ــ بۇ «ھۆكۈم» توغرۇلۇق «يەش.» 1:42 ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. بۇ قانداق «ھۆكۈم»؟ بىزنىڭچە يەشايا پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتىدە ئېيتىلغاندەك ئاز دېگەندە بۇ «ھۆكۈم»نىڭ ئۈچ تەرىپى باردۇر: (1) ئېتىقادچىلارغا توغرا كۆزقاراشلارنى يەتكۈزۈش؛ (2) خۇدانىڭ كۆپ ئىشلار ئۈستىدىكى ھۆكۈملىرىنى بىلدۈرۈش؛ (3) مەسىھنىڭ خەۋىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ياكى يورۇق ياكى تېخىمۇ قاراڭغۇ، كور قىلىش: خۇددى يەشايا پەيغەمبەر ئۆز ۋاقتىدا خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئىسرائىلغا يەتكۈزگەندە، ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالى «سىلەر ئاڭلاشنى ئاڭلايسىلەر، بىراق چۈشەنمەيسىلەر؛ كۆرۈشنى كۆرۈسىلەر، بىراق بىلىپ يەتمەيسىلەر» («يەش.» 9:6-10) دېگەندەك بولغانغا ئوخشاش. «يەش.» 18:44نىمۇ كۆرۈڭ
**39:9** يـۇھ. 17:3؛ 47:12.

بىزمۇ كورمۇ؟ ــ دەپ سورىشتى. [41] ئەيسا ئۇلارغا: ــ كور بولغان
بولساڭلار، گۇناھىڭلار بولمايتتى؛ لېكىن سىلەر ھازىر «كۆرۈۋاتىمىز»
دېگىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھ ھېسابلىنىۋېرىدۇ، ــ دېدى.

## ئەيسا سۆزنى داۋام قىلىدۇ ـ «مەن ياخشى قوي باققۇچىدۇرمەن»

10 [1] بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى،
قوي قوتىنىغا ئىشىكتىن كىرمەي، باشقا يەردىن يامىشىپ
كىرگەن كىشى ئوغرى ۋە قاراقچىدۇر. [2] ئىشىكتىن كىرىدىغان كىشى
بولسا قويلارنىڭ پادىچىسىدۇر. [3] ئىشىك باقار ئۇنىڭغا ئىشىكنى
ئېچىپ بېرىدۇ ۋە قويلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تونۇيدۇ؛ ئۇ ئۆز
قويلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىر-بىرلەپ چاقىرىپ ئۇلارنى سىرتقا
باشلاپ چىقىدۇ. [4] ئۇ قويلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا چىقىرىپ
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، قويلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ
مېڭىشىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇيدۇ. [5] لېكىن ئۇلار يات
ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن قاچىدۇ؛ چۈنكى
ئۇلار ياتلارنىڭ ئاۋازىنى تونۇمايدۇ.
[6] ئەيسا بۇ تەمسىلنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگىنى بىلەن، لېكىن ئۇلار
ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېچ چۈشەنمىدى. [7] شۇڭا

---

3:10 **«ئىشىك باقار ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ ۋە قويلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تونۇيدۇ...»** ــ «ئىشىك باقار» بەلكىم چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ ئايەت ھەم 4-ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك، «مك.» 13:2 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

4:10 **«ئۇ قويلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا چىقىرىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، قويلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇيدۇ»** ــ دېمىسەكمۇ، ئوتتۇرا شەرقتىكى قويچىلار دەل شۇنداق يول بىلەن قويلارنى باقىدۇ. قويچى بارلىق قويلارغا ئىسىم قويۇپ ئۇلارنى بۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىدۇ. ئۇ دائىم «قويلىرىنى باشلايدۇ»، ئۇلار ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئادەتتە قويچىنىڭ قويلارنى «ھەيدەش»نىڭ ھېچ ھاجىتى يوق.

**ئەيسا ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى:**
**بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، قويلارنىڭ**
**ئىشىكى ئۆزۈمدۇرمەن. [8] مەندىن ئىلگىرى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى**
**ئوغرى ۋە قاراقچىدۇر، لېكىن قويلار ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى. [9] ئىشىك**
**ئۆزۈمدۇرمەن. مەن ئارقىلىق كىرگىنى قۇتقۇزۇلىدۇ ھەم كىرىپ-**
**چىقىپ، ئوت-چۆپلەرنى تېپىپ يېيەلەيدۇ. [10] ئوغرى بولسا پەقەت**
**ئوغرىلاش، ئۆلتۈرۈش ۋە بۇزۇش ئۈچۈنلا كېلىدۇ. مەن بولسام ئۇلارنى**
**ھاياتلىققا ئېرىشسۇن ۋە شۇ ھاياتلىقى مول بولسۇن دەپ كەلدىم.**
**[11] ياخشى پادىچى ئۆزۈمدۇرمەن. ياخشى پادىچى قويلار ئۈچۈن ئۆز**
**جېنىنى پىدا قىلىدۇ. [12] لېكىن مەدىكار ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ بەلكى**
**نە قويلارنىڭ ئىگىسى نە پادىچىسى بولمىغاچقا، بۆرىنىڭ كەلگىنىنى**
**كۆرسە، قويلارنى تاشلاپ قاچىدۇ ۋە بۆرە كېلىپ قويلارنى تىتىپ**

---

7:10 **«قويلارنىڭ ئىشىكى ئۆزۈمدۇرمەن»** — ئوتتۇرا شەرقتە پادىچىلار كېچىدە قويلارنى قوغداش ئۈچۈن قوتاننىڭ ئاغزىدا توغرىسىغا يېتىپ ئۇخلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى «قويلارنىڭ ئىشىكى» دەيدۇ. ئۇنداق قويچىلار ھەركۈنى «ئۆز قويلىرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ».

8:10 **«مەندىن ئىلگىرى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوغرى ۋە قاراقچىدۇر، لېكىن قويلار ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى»** — بۇ يەردە ئەيسانىڭ كۆزدە تۇتقىنى تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنى «ئىسرائىلنى باققۇچىلار» دەپ ئاتىۋالغانلار — يەنى پەرىسىيلەر، باش كاھىنلار، تەۋرات ئۇستازلىرى، يەھۇدىي ئاقساقاللىرى، شۇنداقلا ئۆزىدىن ئىلگىرى پەيدا بولغان «ساختا مەسىھلەر» (مەسىلەن، «روس.» 5:36-37)دىن ئىبارەت. ئىسرائىلغا باققۇچى بولۇش كېرەك بولغانلار ئەكسىچە پادىدىن پايدا-مەنپەئەت ئالىدىغانلارغا ئايلاندۇرۇلغان («يەر.» 23-باب، «ئەز.» 34-بابنى كۆرۈڭ).

**9:10** يـۇھ. 6:14.

10:10 **«ئوغرى بولسا پەقەت ئوغرىلاش، ئۆلتۈرۈش ۋە بۇزۇش ئۈچۈنلا كېلىدۇ»** — «ئۆلتۈرۈش» گرېك تىلىدا «بوغۇزلاش».

11:10 **«ياخشى پادىچى قويلار ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىدۇ»** — «**ياخشى** پادىچى» بولغاندىن كېيىن باشقا خىل پادىچىلار بولامدۇ؟ بۇ توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**11:10** يەش. 11:40؛ ئەز. 11:34، 12، 15، 22، 23؛ مك. 1:14؛ ئىبر. 20:13؛ 1پېت. 4:5.

تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. [13] ئەمدى مەدىكار بولسا پەقەت ھەققىنى دەپ
ئىشلەپ، قويلارغا كۆڭۈل بۆلمەي بەدەر قاچىدۇ.
[14-15] ياخشى پادىچى ئۆزۈمدۇرمەن. ئاتا مېنى تونىغىنىدەك مەن
ئاتىنى تونۇغىنىمدەك، مەن ئۆزۈمنىڭكىلەرنى تونۇيمەن ۋە
ئۆزۈمنىڭكىلەرمۇ مېنى تونۇيدۇ؛ قويلار ئۈچۈن جېنىم پىدا.
[16] بۇ قوتاندىن بولمىغان باشقا قويلىرىممۇ بار. ئۇلارنىمۇ ئېلىپ
باشلىشىم كېرەك ۋە ئۇلارمۇ ئاۋازىمنى ئاڭلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر
پادا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر پادىچىسى بولىدۇ.
[17] ئاتا مېنى شۇ سەۋەبتىن سۆيىدۇكى، مەن جېنىمنى قايتۇرۇۋېلىشىم
ئۈچۈن ئۇنى پىدا قىلىمەن. [18] جېنىمنى ھېچكىم مەندىن ئالالمايدۇ،
مەن ئۇنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن پىدا قىلىمەن. مەن ئۇنى پىدا قىلىشقا
ھوقۇقلۇقمەن ۋە شۇنداقلا ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ ھوقۇقلۇقمەن؛ بۇ
ئەمرنى ئاتامدىن تاپشۇرۇۋالغانمەن.
[19] بۇ سۆزلەر تۈپەيلىدىن يەھۇدىيلار ئارىسىدا يەنە بۆلۈنۈش پەيدا
بولدى. [20] ئۇلاردىن كۆپ ئادەملەر:
ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپتۇ، ئۇ جۆيلۈۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ
سۆزىگە قۇلاق سالغۇدەكسىلەر؟ — دېيىشتى.

---

**12:10 «بۆرە كېلىپ قويلارنى تىتىپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ»** — ياكى «بۆرە كېلىپ قويلارنى تۇتۇۋېلىپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ».

**12:10** زەك. 16:11.

**14:10-15** 2تىم. 19:2؛ مات. 27:11؛ لۇقا 22:10؛ يۇھ. 46:6؛ 29:7.

**16:10 «بۇ قوتاندىن بولمىغان باشقا قويلىرىممۇ بار. ئۇلارنىمۇ ئېلىپ باشلىشىم كېرەك ... شۇنىڭ بىلەن بىر پادا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر پادىچىسى بولىدۇ»** — ھېچقانداق شۈبھە يوقكى، مۇشۇ يەردە «بۇ قوتاندىن بولمىغان»لار مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**16:10** ئەز. 22:37.

**17:10** يەش. 12:53.

**18:10** يۇھ. 19:2.

**19:10** يۇھ. 12:7؛ 16:9.

**20:10** يۇھ. 20:7؛ 48:8، 52.

[21] يەنە بەزىلەر بولسا:
جىن چاپلاشقان ئادەمنىڭ سۆزلىرى بۇنداق بولمايدۇ. جىن قانداقمۇ
قارىغۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچالىسۇن؟! ــ دېيىشتى.

## ئەيسانىڭ چەتكە قېقىلىشى

[22] قىش پەسلى بولۇپ، يېرۇسالېمدا «قايتا بېغىشلاش ھېيتى» ئۆتكۈ
زۈلۈۋاتاتتى. [23] ئەيسا ئىبادەتخانىدىكى «سۇلايماننىڭ پېشايۋىنى»دا
ئايلىنىپ يۈرەتتى. [24] يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ:
بىزنى قاچانغىچە تىت-تىت قىلىپ تۇتۇقلۇقتا قالدۇرماقچىسەن؟
ئەگەر مەسىھ بولساڭ، بىزگە ئوچۇقىنى ئېيت، ــ دېيىشتى.
[25] ئەيسا مۇنداق جاۋاب بەردى:
مەن سىلەرگە ئېيتتىم، لېكىن ئىشەنمەيسىلەر. ئاتامنىڭ نامى
بىلەن قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ ئۆزى ماڭا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. [26] بىراق
مەن سىلەرگە ئېيتقىنىمدەك، سىلەر ئېتىقاد قىلمىدىڭلار، چۈنكى
مېنىڭ قويلىرىمدىن ئەمەسسىلەر. [27] مېنىڭ قويلىرىم مېنىڭ
ئاۋازىمنى ئاڭلايدۇ، مەن ئۇلارنى تونۇيمەن ۋە ئۇلار ماڭا ئەگىشىدۇ.
[28] مەن ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلىمەن؛ ئۇلار ئەسلا ھالاك
بولمايدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى قولۇمدىن تارتىۋالالمايدۇ. [29] ئۇلارنى

**21:10** مىس. 11:4؛ زەب. 9:94؛ 8:146

**22:10 «قايتا بېغىشلاش ھېيتى»** ــ (ئىبادەتخانىنى) «قايتا بېغىشلاش ھېيتى» بولسا مىلادىيەدىن ئىلگىرى 164-يىلى «يەھۇدا ماككابۇس» ئىبادەتخانىنى يۇناندىكىلەرنىڭ بۇتپەرەسلىكىدىن قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى قايتىدىن خۇدانىڭ يولىغا ئاتاپ بېغىشلىغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغان ھېيت. بۇ ھېيت يەھۇدىيلار ئارىسىدا ھازىرغىچە «خانۇكاھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**23:10** 1پاد. 3:6؛ روس. 11:3؛ 12:5.

**24:10 «بىزنى قاچانغىچە تىت-تىت قىلىپ تۇتۇقلۇقتا قالدۇرماقچىسەن؟»** ــ گرېك تىلىدا «جېنىمىزنى قاچانغىچە تىت-تىت قىلىپ تۇتۇقلۇقتا قالدۇرماقچىسەن؟».

**25:10** يۇھ. 36:5.

**27:10** يۇھ. 47:8.

**28:10** يۇھ. 39:6؛ 12:17؛ 9:18.

ماڭا تەقدىم قىلغان ئاتام ھەممىدىن ئۈستۈندۇر ۋە ھېچكىم
ئۇلارنى ئاتامنىڭ قولىدىن تارتىۋالالمايدۇ. [30] مەن ۋە ئاتا ئەسلىدىنلا
بىردۇرمىز.
[31] بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار يەنە ئۇنى چالما-كېسەك قىلىشماقچى
بولۇپ، يەردىن قوللىرىغا تاش ئېلىشتى.
[32] ئەيسا ئۇلارغا: ــ ئاتامدىن كەلگەن نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرنى
سىلەرگە كۆرسەتتىم. بۇ ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئۈچۈن مېنى چالما-
كېسەك قىلماقچىسىلەر؟ ــ دېدى.
[33] ــ سېنى ياخشى بىر ئەمەل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۇپۇرلۇق
قىلغىنىڭ ئۈچۈن چالما-كېسەك قىلىمىز. چۈنكى سەن بىر ئىنسان
تۇرۇقلۇق، ئۆزۈڭنى خۇدا قىلىپ كۆرسەتتىڭ! ــ دېدى يەھۇدىيلار
جاۋابەن.
[34] ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
سىلەرگە تەۋە مۇقەددەس قانۇندا «مەن ئېيتتىم، سىلەر
ئىلاھلارسىلەر» دەپ پۈتۈلگەن ئەمەسمۇ؟ [35] خۇدا ئۆز سۆز-كالامىنى

30:10 **«مەن ۋە ئاتا ئەسلىدىنلا بىردۇرمىز»** ــ «قان» 39:32نى كۆرۈڭ. مۇشۇ يەردە مەسىھنىڭ «بىر» دېگىنى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ خۇدائاتا بىلەن بىرگە بىر بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

**30:10** يەش. 5:54؛ يۇھ. 19:5؛ 9:14؛ 5:17.

**31:10** يۇھ. 59:8؛ 8:11.

**33:10** يۇھ. 18:5.

34:10 **«سىلەرگە تەۋە مۇقەددەس قانۇن»** ــ 17:8 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. **«مەن ئېيتتىم، سىلەر ئىلاھلارسىلەر»** ــ بۇ سۆزلەر «زەب.» 6:82دە تېپىلىدۇ. تولۇق ئېيتساق «مەن ئېيتتىم: ــ سىلەر ئىلاھلار ئىكەنسىلەر؛ ھەممىڭلار ھەممىدىن ئالىي بولغۇچىنىڭ ئوغۇللىرىسىلەر» دېگەن بولۇپ، بۇ سۆز ئەسلىدە سوت مەجلىسىگە قاتناشقان «ئىلاھلار»غا، يەنى خۇدانىڭ خەلقىگە سوراقچى بولغان ياكى ئۆز خەلقى ئارىسىدا ھەرقانداق ھوقۇق-مەسئۇلىيىتى بار ئادەملەرگە ئېيتىلغانىدى. ئۇلار مۇشۇ ئىشتا، ھەممىنى سوراق قىلغۇچى خۇداغا ئوخشاپ كەتكەچكە، «ئىلاھلار» دېيىلىدۇ. 35-36-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. «زەب.» 1:82دىكى ئىزاھاتنىمۇ كۆرۈڭ.

**34:10** زەب. 6:82

يەتكۈزگەنلەرنى «ئىلاھلار» دەپ ئاتىغان يەردە (ۋە مۇقەددەس
يازمىلاردا ئېيتىلغىنى ھەرگىز كۈچتىن قالمايدۇ) [36] نېمە ئۈچۈن ئاتا
ئۆزىگە خاس-مۇقەددەس قىلىپ پانىي دۇنياغا ئەۋەتكەن زات «مەن
خۇدانىڭ ئوغلىمەن» دېسە، ئۇ توغرۇلۇق «كۇپۇرلۇق قىلدىڭ!» دەيسىلەر؟ [37] ئەگەر ئاتامنىڭ ئەمەللىرىنى قىلمىسام، ماڭا ئىشەنمەڭلار.
[38] بىراق قىلسام، ماڭا ئىشەنمىگەن ھالەتتىمۇ، ئەمەللەرنىڭ
ئۆزلىرىگە ئىشىنىڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاتىنىڭ مەندە ئىكەنلىكىنى،
مېنىڭمۇ ئاتىدا ئىكەنلىكىمنى ھەق دەپ بىلىپ ئېتىقاد قىلىدىغان
بولىسىلەر.
[39] بۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە ئۇنى تۇتماقچى بولدى، بىراق ئۇ ئۇلارنىڭ
قوللىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇ يەردىن كەتتى. [40] ئاندىن ئۇ يەنە ئىئوردان
دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا، يەنى يەھيا پەيغەمبەر دەسلەپتە ئادەملەرنى
چۆمۈلدۈرگەن جايغا بېرىپ، ئۇ يەردە تۇردى.
[41] نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار:
يەھيا ھېچ مۆجىزىلىك ئالامەت كۆرسەتمىگەن، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئادەم
توغرىسىدا بارلىق ئېيتقانلىرى راست ئىكەن! ــ دېيىشتى. [42] شۇنىڭ
بىلەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى.

---

36:10 **«نېمە ئۈچۈن ئاتا ئۆزىگە خاس-مۇقەددەس قىلىپ پانىي دۇنياغا ئەۋەتكەن زات «مەن خۇدانىڭ ئوغلىمەن» دېسە، ئۇ توغرۇلۇق «كۇپۇرلۇق قىلدىڭ!» دەيسىلەر؟»** ــ بۇ 36-ئايەت بويىچە، خۇدا «زەبۇر»دا «خۇدانىڭ **سۆز-كالامى يەتكۈزۈلگەنلەر**»نى «ئىلاھلار» دەپ ئاتىغان يەردە، **خۇدانىڭ سۆز-كالامىنىڭ ئۆزى** دۇنياغا كەلگەندە، «خۇدانىڭ ئوغلىمەن» دېسە، بۇ قانداقمۇ كۇپۇرلۇق بولىدۇ؟

**36:10** يۇھ. 1:5؛ 27:6.

**37:10** يۇھ. 24:15.

38:10 **«ئېتىقاد قىلىدىغان بولىسىلە»** ــ بەزى كونا تېكىستلەردە «چۈشىنىدىغان بولىسىلەر» دېيىلىدۇ.

**38:10** يۇھ. 11:14؛ 21:17.

**39:10** لۇقا 29:4؛ يۇھ. 59:8.

**40:10** يۇھ. 28:1؛ 23:3.

# لازارۇسنىڭ ئۆلۈمى

11 [1]لازارۇس دېگەن بىر ئادەم كېسەل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ
مەريەم ۋە ھەدىسى مارتا تۇرغان، بەيت-ئانىيا دېگەن كەنتتە
تۇراتتى [2](بۇ مەريەم بولسا، رەبگە خۇشبۇي ماينى سۈركىگەن،
پۇتلىرىنى ئۆز چاچلىرى بىلەن ئېرتىپ قۇرۇتقان ھېلىقى مەريەم
ئىدى؛ كېسەل بولۇپ ياتقان لازارۇس ئۇنىڭ ئىنىسى ئىدى).
[3]لازارۇسنىڭ ھەدىلىرى ئەيساغا خەۋەرچى ئەۋەتىپ: «ئى رەب، مانا
سەن سۆيگەن دوستۇڭ كېسەل بولۇپ قالدى» دەپ يەتكۈزدى.
[4]لېكىن ئەيسا بۇنى ئاڭلاپ:
بۇ كېسەلدىن ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، بەلكى بۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ ئوغلى
ئۇلۇغلىنىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئايان قىلىنىدۇ ــ دېدى.
[5]ئەيسا مارتا، سىڭلىسى ۋە لازارۇسنى تولىمۇ سۆيەتتى. [6]شۇڭا ئۇ
لازارۇسنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان
جايدا يەنە ئىككى كۈن تۇردى. [7]ئاندىن كېيىن ئۇ مۇخلىسلىرىغا:
يەھۇدىيەگە قايتا بارايلى! ــ دېدى.
[8]مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا:
ئۇستاز، يېقىندىلا ئۇ يەردىكى يەھۇدىيلار سېنى چالما-كېسەك

---

2:11 **«بۇ مەريەم بولسا، رەبگە خۇشبۇي ماينى سۈركىگەن، پۇتلىرىنى ئۆز چاچلىرى بىلەن ئېرتىپ قۇرۇتقان ھېلىقى مەريەم ئىدى؛ كېسەل بولۇپ ياتقان لازارۇس ئۇنىڭ ئىنىسى ئىدى»** ــ بۇ ئىش دەسلەپتە «مات.» 6:26-13 ۋە «مار.» 3:14-9دە ۋە كېيىن «يۇھ.» 3:12-8دە خاتىرىلىنىدۇ. يۇھاننا ئوقۇرمەنلەر بۇ ئىشتىن ئىنجىلدىكى باشقا «بايانلار» ئارقىلىق ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان، دەپ پەرەز قىلىدۇ.

**2:11** مات. 6:26؛ مار. 3:14؛ لۇقا 37:7؛ يۇھ. 3:12.

**4:11** يۇھ. 3:9؛ 40:11.

6:11 **«شۇڭا ئۇ لازارۇسنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدا يەنە ئىككى كۈن تۇردى»** ــ بۇ ئايەتتىكى «شۇڭا» بەلكىم ئوقۇرمەنلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىزدە قىلچە شۈبھە يوقكى، خۇدا ئۆزىنى سۆيگەنلەرنىمۇ ئىنتايىن سۆيگەچكە، ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ ھەقىقىي شان-شەرىپى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈپ چۈشىنىشى، شۇنداقلا ئېتىقادىنىڭ كۈچەيتىلىشى ئۈچۈن بەزىدە بېشىمىزدىن بۇ ئىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئازابلىق ئىشلارنى ئۆتكۈزىدۇ (15-ئايەتنى كۆرۈڭ).

قىلماقچى بولغان تۇرسا، يەنە ئۇ يەرگە قايتا بارامسەن؟ ــ دېيىشتى.
[9] ئەيسا مۇنداق دېدى:
كۈندۈزدە ئون ئىككى سائەت بار ئەمەسمۇ؟ كۈندۈزى يول ماڭغان كىشى
پۇتلاشماس، چۈنكى ئۇ بۇ دۇنيانىڭ يورۇقىنى كۆرىدۇ. [10] لېكىن كېچىسى
يول ماڭغان كىشى پۇتلىشار، چۈنكى ئۇنىڭدا يورۇقلۇق يوقتۇر.
[11] بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ:
دوستىمىز لازارۇس ئۇخلاپ قالدى؛ مەن ئۇنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ئويغاتقىلى
بارىمەن، ــ دەپ قوشۇپ قويدى.
[12] شۇڭا مۇخلىسلار ئۇنىڭغا:
ئى رەب، ئۇخلىغان بولسا، ياخشى بولۇپ قالىدۇ، ــ دېدى.
[13] ھالبۇكى، ئەيسا لازارۇسنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق ئېيتقانىدى، لېكىن
ئۇلار ئۇ دەم ئېلىشتىكى ئۇيقۇنى دەۋاتىدۇ، دەپ ئويلاشتى. [14] شۇڭا
ئەيسا ئۇلارغا ئوچۇقنى ئېيتىپ:
لازارۇس ئۆلدى، ــ دېدى. [15] ــ بىراق سىلەرنى دەپ، سىلەرنىڭ ئېتىقاد
قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ قېشىدا بولمىغانلىقىمغا خۇشالمەن.
ئەمدى ئۇنىڭ يېنىغا بارايلى، ــ دېدى.
[16] «قوشكېزەك» دەپ ئاتىلىدىغان توماس باشقا مۇخلىسداشلىرىغا:
بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارايلى ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلەيلى،
ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ لازارۇسنى تىرىلدۈرۈشى

[17] ئەيسا مۇخلىسلىرى بىلەن بەيت-ئانىياغا بارغاندا، لازارۇسنىڭ
يەرلىككە قويۇلغىنىغا ئاللىقاچان تۆت كۈن بولغانلىقى ئۇنىڭغا

8:11 **«ئۇستاز»** ــ گرېك تىلىدا «رابىي».
**8:11** يۇھ. 8:59؛ 10:31.
**11:11** مات. 9:24؛ مار. 5:39؛ لۇقا 8:52.
16:11 **««قوشكېزەك» دەپ ئاتىلىدىغان توماس»** ــ گرېك تىلىدا ««دىدىموس» دەپ ئاتىلىدىغان توماس».

مەلۇم بولدى. [18]بەيت-ئانيا يېرۇسالېمغا يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن
ئالتە چاقىرىمچە يىراقلىقتا ئىدى، [19]شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن
يەھۇدىيلار مارتا بىلەن مەريەمگە ئىنىسى توغرىسىدا تەسەللى
بەرگىلى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى. [20]مارتا ئەمدى ئەيسانىڭ
كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. لېكىن مەريەم بولسا
ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالدى.
[21]مارتا ئەمدى ئەيساغا: ــ ئى رەب، بۇ يەردە بولغان بولساڭ، ئىنىم
ئۆلمىگەن بولاتتى. [22]ھېلىھەم خۇدادىن نېمىنى تىلىسەڭ، ئۇنىڭ
ساڭا شۇنى بېرىدىغانلىقىنى بىلىمەن، ــ دېدى.
[23]ــ ئىنىڭ قايتا تىرىلىدۇ، ــ دېدى ئەيسا.
[24]مارتا:
ئاخىرقى كۈندە، يەنە تىرىلىش كۈنىدە ئۇنىڭ جەزمەن
تىرىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن، ــ دېدى.
[25]ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ تىرىلىش ۋە ھاياتلىق مەن ئۆزۈمدۇرمەن؛
ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشى ئۆلسىمۇ، ھايات بولىدۇ؛ [26]ۋە ھايات
تۇرۇپ، ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەس؛ بۇنىڭغا
ئىشىنەمسەن؟
[27]ئۇ ئۇنىڭغا: ــ ئىشىنىمەن، ئى رەب؛ سېنىڭ دۇنياغا كېلىشى مۇقەررەر
بولغان مەسىھ، خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمەن.
[28]بۇنى دەپ بولۇپ، ئۇ بېرىپ سىڭلىسى مەريەمنى ئاستىغىنا
چاقىرىپ:
ئۇستاز كەلدى، سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، ــ دېدى.

**18:11 «ئالتە چاقىرىم»** ــ گرېك تىلىدا «ئون بەش ستادىيون». بىر «ستادىيون» 185 مېتر ئىدى.

**24:11** دان. 2:12؛ لۇقا 14:14؛ يۇھ. 29:5.

**25:11** يۇھ. 4:1؛ 16:3، 36؛ 24:5؛ 47:6؛ 6:14؛ 1يۇھ. 10:5.

**26:11** يۇھ. 51:6.

**27:11** مات. 16:16؛ مار. 29:8؛ لۇقا 20:9؛ يۇھ. 69:6.

[29]مەريەم بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى
[30](شۇ پەيتتە ئەيسا تېخى يېزىغا كىرمىگەن بولۇپ، مارتا ئۇنىڭ
ئالدىغا مېڭىپ، ئۇچرىشىپ قالغان يەردە ئىدى). [31]ئەمدى مەريەمگە
تەسەللىي بېرىۋاتقان، ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغان يەھۇدىيلار ئۇنىڭ
ئالدىراپ قوپۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى قەبرىگە
بېرىپ شۇ يەردە يىغا-زار قىلغىلى كەتتى، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ
كەينىدىن مېڭىشتى.
[32]مەريەم ئەمدى ئەيسا بار يەرگە بارغاندا ئۇنى كۆرۈپ، ئايىغىغا
ئۆزىنى ئېتىپ:
ئى رەب، بۇ يەردە بولغان بولساڭ، ئىنىم ئۆلمىگەن بولاتتى! ــ دېدى.
[33]ئەيسا مەريەمنىڭ يىغا-زار قىلغىنىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن
بىللە كەلگەن يەھۇدىي خەلقنىڭ يىغا-زار قىلىشقىنىنى كۆرگەندە،
روھىدا قاتتىق پىغان چېكىپ، كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولدى ۋە: [34]ــ
ئۇنى قەيەرگە قويدۇڭلار؟ ــ دەپ سورىدى.
ئى رەب، كېلىپ كۆرگىن، ــ دېيىشتى ئۇلار.
[35]ئەيسا كۆز يېشى قىلدى. [36]يەھۇدىي خەلقى: ــ قاراڭلار، ئۇ ئۇنى
قانچىلىك سۆيگەن! ــ دېيىشتى. [37]ۋە ئۇلاردىن بەزىلىرى:
قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچقان بۇ كىشى كېسەل ئادەمنى ئۆلۈمدىن
ساقلاپ قالالماسمىدى؟ ــ دېيىشتى.
[38]ئەيسا ئىچىدە يەنە قاتتىق پىغان چېكىپ، قەبرىنىڭ ئالدىغا باردى.
قەبرى بىر غار ئىدى؛ ئۇنىڭ كىرىش ئاغزىغا چوڭ بىر تاش قويۇقلۇق

33:11 **«ئەيسا ... روھىدا قاتتىق پىغان چېكىپ، كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولدى»** ــ ئەيسا نېمىگە شۇنداق ئىنكاس قايتۇردى؟ بىزنىڭچە، بۇ ئۇنىڭ گۇناھنىڭ ئىنسانلارنى ئۆلۈمگە ۋە ھالاكەتكە، جۈملىدىن شەيتاننىڭ ئىلكىگە ئېلىپ بارغانلىقى تۈپەيلىدىن بولغان پاراكەندىچىلىك ۋە پىغان-قايغۇغا قاراپ، بۇ ئىشلاردىن قاتتىق ھاياجانلانغانلىقى ۋە بەلكىم غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

35:11 **«ئەيسا كۆز يېشى قىلدى»** ــ ئەيسانىڭ كۆز ياشلىرى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختالمىساق بولمايدۇ.

**35:11** لۇقا 41:19.

ئىدى. [39] ئەيسا:
تاشنى ئېلىۋېتىڭلار! ــ دېدى.
ئۆلگۈچىنىڭ ھەدىسى مارتا:
ئى رەب، يەرلىككە قويغىلى تۆت كۈن بولدى، ھازىر ئۇ پۇراپ كەتكەندۇ،
ــ دېدى.
[40] ئەيسا ئۇنىڭغا:
مەن ساڭا: «ئېتىقاد قىلساڭ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى كۆرىسەن»
دېگەنىدىمغۇ! ــ دېدى.
[41] بۇنىڭ بىلەن خالايىق تاشنى ئېلىۋەتتى. ئەيسا كۆزلىرىنى ئاسمانغا
تىكىپ مۇنداق دۇئا قىلدى:
ئى ئاتا، تىلىكىمنى ئاڭلىغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا تەشەككۈر ئېيتىمەن.
[42] تىلەكلىرىمنى ھەمىشە ئاڭلايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن؛ لېكىن
شۇنداق بولسىمۇ، ئەتراپىمدىكى مۇشۇ خالايىق سېنىڭ مېنى
ئەۋەتكەنلىكىڭگە ئىشەنسۇن دەپ، بۇنى ئېيتىۋاتىمەن!
[43] بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا:
لازارۇس، تاشقىرىغا چىق! ــ دەپ توۋلىدى.
[44] ئۆلگۈچى قول-پۇتلىرى كېپەنلەنگەن، ئېگىكى تېڭىلغان ھالدا
تاشقىرىغا چىقتى. ئەيسا ئۇلارغا:
كېپەننى يېشىۋېتىپ، ئۇنى ئازاد قىلىڭلار! ــ دېدى.

## ئەيسانى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى

مات. 26:1-5؛ مار. 14:1-2؛ لۇقا 22:1-2

[45] مەريەمنىڭ يېنىغا پەتە قىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى كۆرگەن
يەھۇدىيلار ئىچىدىن نۇرغۇنلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى. [46] لېكىن
ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى پەرىسىيلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەيسانىڭ
قىلغان ئىشلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. [47] شۇڭا پەرىسىيلەر ۋە باش

**42:11** يۇھ. 30:12.
**44:11** يۇھ. 7:20.

كاھىنلار يەھۇدىيلارنىڭ بىر كېڭەشمىسىنى يىغىپ:
قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇ ئادەم نۇرغۇن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى
يارىتىۋاتىدۇ. [48] ئۇنىڭغا شۇنداق يول قويۇپ بېرىۋەرسەك، ھەممە ئادەم
ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغاندا، رىملىقلار كېلىپ
بۇ بىزنىڭ جايىمىز ۋە قوۋمىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ! ــ دېيىشتى.
[49] ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى، يەنى شۇ يىلى باش كاھىن بولغان قايافا:
سىلەر ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسىلەر! [50] پۈتۈن خەلقنىڭ ھالاك
بولۇشىنىڭ ئورنىغا، بىرلا ئادەمنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈشىنىڭ
ئەۋزەللىكىنى چۈشىنىپ يەتمەيدىكەنسىلەر، ــ دېدى [51-52] (بۇ سۆزنى
ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئېيتمىغانىدى؛ بەلكى ئۇ شۇ يىلى باش كاھىن
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەيسانىڭ يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈن، شۇنداقلا
پەقەت ئۇ خەلق ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ھەر يانغا تارقىلىپ
كەتكەن پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن
ئۆلىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىپ شۇنداق دېگەنىدى).
[53] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ
ئەيسانى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قەستلىدى. [54] شۇنىڭ ئۈچۈن ئەيسا ئەمدى
يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئاشكارا يۈرمەيتتى، ئۇ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ

**47:11** زەب. 2:2؛ مات. 3:26؛ مار. 1:14؛ لۇقا 2:22؛ روس. 27:4.

**48:11 «رىملىقلار كېلىپ بۇ بىزنىڭ جايىمىز ۋە قوۋمىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ!»** ــ «بۇ بىزنىڭ جايىمىز» بىزنىڭچە ئىبادەتخانىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئېنىقكى، بۇ ئادەملەرنىڭ ئىبادەتخانىنى «خۇدانىڭ» دېمەيدۇ، بەلكى «بىزنىڭ» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ گېپىدىن روشەنكى، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، ئۆز خەلقىنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ.
—«بۇ بىزنىڭ جايىمىز» باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىزنىڭ بۇ ئورنىمىز» (دېمەك، مەنسىپىمىز).

**50:11** يۇھ. 14:18.

**52-51:11 «بۇ سۆزنى ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئېيتمىغانىدى؛ بەلكى ئۇ شۇ يىلى باش كاھىن بولغانلىقى ئۈچۈن... ئالدىن بېشارەت بېرىپ شۇنداق دېگەنىدى»** ــ دېمەك، گەرچە ئۇ ئۆزى خۇداسىز ئادەم بولسىمۇ، تەۋرات بېكىتكەن ئورۇندا تۇرغاچ، مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ ئارقىلىق (ئۆزىنىڭ دەۋاتقىنىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمىگەن ھالدا) بېشارەت بەردى.

**52-51:11** ئەف. 2:14، 15، 16.

چۆلگە يېقىن رايوندىكى ئەفرائىم ئىسىملىك بىر شەھىرىگە بېرىپ، مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇ يەردە تۇردى.
55 ئەمدى يەھۇدىيلارنىڭ «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»غا ئاز قالغانىدى. نۇرغۇن كىشىلەر تاھارەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ھېيتتىن ئىلگىرى يېزىلاردىن يېرۇسالېمغا كېلىشتى. 56 شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ كىشىلەر ئەيسانى ئىزدەشتى. ئۇلار ئىبادەتخانىدا يىغىلغاندا بىر-بىرىگە:
قانداق ئويلاۋاتىسىلەر؟ ئۇ ھېيت ئۆتكۈزگىلى كەلمەسمۇ؟ ــ دېيىشتى.
57 باش كاھىنلار بىلەن پەرىسىيلەر بولسا ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن، ھەركىمنىڭ ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلسە، مەلۇم قىلىشى توغرۇلۇق پەرمان چىقارغانىدى.

## مەريەمنىڭ ئەيسانى ئەتىرلىشى

مات. 26:6-13؛ مار. 14:3-9

12 1 ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدىن ئالتە كۈن ئىلگىرى، ئەيسا ئۆزى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەن لازارۇس تۇرۇۋاتقان جاي ــ بەيت-
ئانىياغا كەلدى. 2 شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئۇ يەردە ئۇنىڭغا زىياپەت

55:11 **«نۇرغۇن كىشىلەر تاھارەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن...»** ــ مۇشۇ يەردىكى «تاھارەت» توغرۇلۇق: مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، بىرسى ئۆلۈك بىر نەرسىگە، قانغا ياكى مەلۇم كېسەل يارىسىغا تېگىپ كەتكەن بولسا، «ناپاك» دەپ ھېسابلىناتتى ۋە شۇنداقلا پاك ھېسابلىنىش ئۈچۈن يۇيۇنۇشى كېرەك ۋە يەنە بەزى ئەھۋاللاردىمۇ قۇربانلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرىسىيلەر ۋە «تەۋرات ئۇستازلىرى» ئۆزلۈكىدىن بۇ ئىشلارغا نۇرغۇن باشقا مۇرەككەپ قائىدىلەرنى قوشۇۋالغانىدى. مەسىلەن، «مار.» 7:3-4نى كۆرۈڭ. شۇڭا «تاھارەت»نى ئۆتكۈزۈشكە بەزىدە خېلى ۋاقىت كېرەك بولغان. **«يېرۇسالېمغا كېلىشتى»** ــ گرېك تىلىدا «يېرۇسالېمغا چىقىشتى».
**56:11** يۇھ. 7:11.
**1:12** مات. 26:6؛ مار. 14:3؛ لۇقا 7:37؛ يۇھ. 11:2

بەردى. مارتا مېھمانلارنى كۈتۈۋاتاتتى؛ لازارۇس بولسا ئەيسا بىلەن
ھەمداستىخان بولغانلارنىڭ بىرى ئىدى. [3]مەريەم ئەمدى ناھايىتى
قىممەت باھالىق ساپ سۇمبۇل ئەتىردىن بىر قاداق ئەكىلىپ،
ئەيسانىڭ پۇتلىرىغا قۇيدى ئاندىن چاچلىرى بىلەن پۇتلىرىنى
ئېرتىپ قۇرۇتتى. ئەتىرنىڭ خۇش پۇرىقى ئۆيىنى بىر ئالدى. [4]لېكىن
ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىدىن بىرى، يەنى ئۇنىڭغا پات ئارىدا ساتقۇنلۇق
قىلغۇچى، سىموننىڭ ئوغلى يەھۇدا ئىشقارىيوت:
[5]— نېمىشقا بۇ قىممەت باھالىق ئەتىر كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ
بېرىلىشكە ئۈچ يۈز دىنارغا سېتىلمىدى؟ — دېدى [6](ئۇ بۇ سۆزنى
كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئوغرى
بولغانلىقى ئۈچۈن دېگەنىدى؛ چۈنكى ئۇ مۇخلىسلارنىڭ ئورتاق
ھەميانىنى ساقلىغۇچى بولۇپ، دائىم ئۇنىڭغا سېلىنغىنىدىن
ئوغرىلىۋالاتتى).
[7]ئەمدى ئەيسا: — ئايالنى ئۆز ئىختىيارىغا قويغىن! چۈنكى ئۇ بۇنى
مېنىڭ دەپنە كۈنۈم ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ ساقلىغاندۇر؛ [8]چۈنكى
كەمبەغەللەر ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ، لېكىن مەن
ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللە بولمايمەن، — دېدى.

---

3:12 **«ناھايىتى قىممەت باھالىق ساپ سۇمبۇل ئەتىردىن بىر قاداق»** — «بىر قاداق» (گرېك تىلىدا «بىر لىترا») — رىملىقلارنىڭ قادىقى، تەخمىنەن 325 گرام. **«ئەيسانىڭ پۇتلىرىغا قۇيدى ئاندىن چاچلىرى بىلەن پۇتلىرىنى ئېرتىپ قۇرۇتتى»** — ياكى «ئەيسانىڭ پۇتلىرىغا قۇيدى ۋە چاچلىرى بىلەن ئەتىرنى پۇتلىرىغا سۇردى».

5:12 **«ئۈچ يۈز دىنار»** — شۇ چاغدا ئاددىي بىر ئىشچىنىڭ يىللىق كىرىمىگە تەڭ بولاتتى.

**5:12** مار. 5:14.

**6:12** يـۇھ. 29:13.

7:12 **«ئۇ بۇنى مېنىڭ دەپنە كۈنۈم ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ ساقلىغاندۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ شۇنداق قىلىپ مېنىڭ دەپنە كۈنۈمگە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ».

**7:12** مار. 8:14.

**8:12** قان. 11:15؛ مات. 11:26؛ مار. 7:14.

## باش كاھىنلارنىڭ لازارۇسنى ئۆلتۈرۈش سۈيقەستى

[9] زور بىر توپ يەھۇدىيلار ئۇنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ،
شۇ يەرگە كەلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى يالغۇز ئەيسانى دەپلا ئەمەس، يەنە
ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەن لازارۇسنىمۇ كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى. [10] لېكىن
باش كاھىنلار بولسا لازارۇسنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەتلەشكەندى؛
[11] چۈنكى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىدىن چېكىنىپ
ئەيساغا ئېتىقاد قىلىشقاتتى.

## يېرۇسالېمغا تەنتەنىلىك بىلەن كىرىش

مات. 21:1-11؛ مار. 11:1-11؛ لۇقا 19:28-40

[12] ئەتىسى، «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نى ئۆتكۈزۈشكە كەلگەن زور بىر
توپ خالايىق ئەيسانىڭ يېرۇسالېمغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ،
[13] قوللىرىغا خورما شاخلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا ئۇنى قارشى ئالغىلى
چىقىشتى ۋە: «تەشەككۇر-ھوساننا! پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا
كەلگۈچى، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا مۇبارەك بولغاي!» دەپ ۋار
قىراشتى. [14] ئەيسا بىر تەخەينى تېپىپ، ئۇنىڭغا مىندى؛ خۇددى
مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق پۈتۈلگەندەك: ــ

---

**9:12** يـۇھ. 11:44.

**12:12** مات. 21:8؛ مار. 11:8؛ لۇقا 19:36

13:12 **«تەشەككۇر-ھوسانىا! پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا كەلگۈچى، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا مۇبارەك بولغاي!»** ــ بۇ سۆزلەر «زەب.» 118:25-26دىكى بېشارەتتىن ئېلىنغان. «ھوسانىا» دېگەن سۆز «قۇتقۇزغايسەن، ئى پەرۋەردىگار» دېگەن مەنىدە. ئىنجىل دەۋرىگە كەلگەندە مەنىسى «خۇداغا تەشەككۇر-مەدھىيە»مۇ بولۇپ قالغانىدى. «زەبۇر» 118-كۈيدىكى ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ.

**13:12** زەب. 118:25، 26.

[15]«قورقما، ئى زىئون قىزى! مانا، پادىشاھىڭ ئېشەك تەخىيگە
مىنىپ كېلىۋاتىدۇ!».

[16]ئەينى چاغدا ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيتتى،
لېكىن ئەيسا شان-شەرەپتە ئۇلۇغلانغاندىن كېيىن، بۇ سۆزلەرنىڭ
ئۇنىڭ توغرۇلۇق پۈتۈلگەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ ئىشلارنىڭ دەرۋەقە
ئۇنىڭدا شۇنداق يۈز بەرگەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈردى.
[17]ئەمدى ئۇ لازارۇسنى قەبرىدىن چاقىرىپ تىرىلدۈرگەن چاغدا ئۇنىڭ
بىلەن بىللە بولغان خالايىق بولسا، بۇ ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىۋاتاتتى.
[18]ئەيسا ياراتقان بۇ مۆجىزىلىك ئالامەتنىمۇ ئاڭلىغاچقا، ئۇنى قارشى
ئېلىشقا شۇ بىر توپ ئادەملەر چىقىشقانىدى. [19]پەرىسىيلەر بولسا
بىر-بىرىگە:
قاراڭلار، بارلىق قىلغىنىڭلار بىكار كەتتى! مانا ئەمدى پۈتكۈل
جاھان ئۇنىڭغا ئەگەشمەكتە! ــ دېيىشتى.

## گرېكلارنىڭ ئەيسا بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشى ــ ئۇنىڭ ئۆز ئۆلۈمى توغرۇلۇق سۆزلىشى

[20]ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا ئىبادەت قىلغىلى كەلگەنلەر ئارىسىدا
بىرنەچچە گرېكلارمۇ بار ئىدى. [21]بۇلار ئەمدى گالىلىيەنىڭ بەيت-
سائىدا يېزىسىدىن بولغان فىلىپنىڭ يېنىغا كېلىپ:

15:12 **«قورقما، ئى زىئون قىزى! مانا، پادىشاھىڭ ئېشەك تەخىيگە مىنىپ كېلىۋاتىدۇ!»** ــ «زەك.» 9:9. «زىئون قىزى» يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلارنى، شۇنداقلا بارلىق يەھۇدىي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ.
**15:12** يەش. 11:62؛ زەك. 9:9؛ مات. 5:21.
16:12 **«ئەيسا شان-شەرەپتە ئۇلۇغلانغاندىن كېيىن...»** ــ ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئەرشكە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
**19:12** يۇھ. 47:11.
**20:12** روس. 27:8.

ئەپەندىم، بىز ئەيسا بىلەن كۆرۈشسەك، ــ دەپ تەلەپ قىلىشتى.
22 فىلىپ بېرىپ بۇنى ئاندرىياسقا ئېيتتى. ئاندىن ئاندرىياس ۋە
فىلىپ ئىككىسى ئەيساغا مەلۇم قىلدى.
23 لېكىن ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
«ئىنسانئوغلىنىڭ شان-شەرەپتە ئۇلۇغلىنىدىغان ۋاقىت-سائىتى
يېتىپ كەلدى. 24 بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ
قويايكى، بۇغداي دېنى تۇپراق ئىچىگە چۈشۈپ ئۆلمىگۈچە، ئۆزى
يەنىلا يالغۇز قالىدۇ؛ لېكىن ئۆلسە، مول ھوسۇل بېرىدۇ. 25 كىمدەكىم
ئۆز ھاياتىنى ئايىسا ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولىدۇ؛ لېكىن بۇ دۇنيادا ئۆز
ھاياتىدىن نەپرەتلەنسە، ئۇنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ساقلىيالايدۇ.
26 كىمدەكىم خىزمىتىمدە بولۇشنى خالىسا، ماڭا ئەگەشسۇن. مەن
قەيەردە بولسام، مېنىڭ خىزمەتچىممۇ شۇ يەردە بولىدۇ. كىمدەكىم
مېنىڭ خىزمىتىمدە بولسا، ئاتا ئۇنىڭغا ئىززەت قىلىدۇ.
27 ھازىر جېنىم قاتتىق ئازابلىنىۋاتىدۇ. مەن نېمە دېيىشىم كېرەك؟
«ئاتا، مېنى بۇ سائەتتىن قۇتقۇزغىن!» دەيمۇ؟ لېكىن مەن دەل

---

**21:12** يۇھ. 45:1.

23:12 **«لېكىن ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: ــ «ئىنسانئوغلىنىڭ شان-شەرەپتە ئۇلۇغلىنىدىغان ۋاقىت-سائىتى يېتىپ كەلدى...»** ــ گرېكلەرنىڭ (22-ئايەتتىكى) تەلىپىگە بۇ سىرلىق سۆزلەر قانداق جاۋاب بولىدۇ؟ بۇنىڭ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**23:12** يۇھ. 32:13؛ 1:17.

24:12 **«بۇغداي دېنى تۇپراق ئىچىگە چۈشۈپ ئۆلمىگۈچە، ئۆزى يەنىلا يالغۇز قالىدۇ؛ لېكىن ئۆلسە، مول ھوسۇل بېرىدۇ»** ــ مەسىھنىڭ «ئۇرۇقنىڭ ئۆلۈشى» دېگىنى بىرخىل ئوخشىتىشتۇر. ئۇرۇق يەرگە چۈشۈپ «ئۆلمىسە» بىر تال پېتى قېلىۋېرىدۇ. تۇپراققا چۈشكەندە «ئۆلسە»، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئۇرۇق مېۋىلەيدۇ.

**24:12** 1كور. 36:15.

25:12 **«كىمدەكىم ئۆز ھاياتىنى ئايىسا..»** ــ «ئايىسا» گرېك تىلىدا «سۆيسە» ياكى «ئامراق بولسا».

**25:12** مات. 39:10؛ 25:16؛ مار. 35:8؛ لۇقا 24:9؛ 33:17.

**26:12** يۇھ. 3:14؛ 24:17.

**مۇشۇ ۋاقىت-سائەت ئۈچۈن كەلدىم. [28] ئاتا، نامىڭغا شان-شەرەپ**
**كەلتۈرگىن!».**
**شۇئان، ئاسماندىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ:**
**ئۇنىڭغا شان-شەرەپ كەلتۈردۈم ۋە يەنە ئۇنىڭغا شان-شەرەپ**
**كەلتۈرىمەن!» ــ دېيىلدى.**
**[29] بۇنى ئاڭلىغان شۇ يەردە تۇرغان خالايىق:**
**ھاۋا گۈلدۈرلىدى، ــ دېيىشتى.**
**يەنە بەزىلەر بولسا:**
**بىر پەرىشتە ئۇنىڭغا گەپ قىلدى، ــ دېيىشتى.**
**[30] ئەيسا بولسا جاۋابەن: ــ بۇ ئاۋاز مېنى دەپ ئەمەس، سىلەرنى دەپ**
**چۈشتى. [31] ئەمدى دۇنيانىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىلىش ۋاقتى**
**كەلدى؛ ھازىر بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ تاشقىرىغا قوغلىنىش ۋاقتى**
**كەلدى. [32] ۋە مەن بولسام، يەرنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگىنىمدە، پۈتكۈل**
**ئىنسانلارنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلىپ تارتىمەن، ــ دېدى [33] (ئۇنىڭ بۇنى**
**دېگىنى ئۆزىنىڭ قانداق ئۆلۈم بىلەن ئۆلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكىنى**
**ئىدى).**
**[34] خالايىق بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇنىڭدىن:**
**بىز مۇقەددەس قانۇندىن مەسىھنىڭ ئەبەدگىچە قالىدىغىنىنى**
**ئاڭلىغان؛ سەن قانداقسىگە «ئىنسانئوغلى كۆتۈرۈلۈشى كېرەك»**

---

27:12 **«ئاتا، مېنى بۇ سائەتتىن قۇتقۇزغىن!» دەيمۇ؟»** ــ بۇ «سائەت» ئۇنىڭ كېلىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**27:12** مات. 37:26، 38، 39؛ مار. 34:14؛ لۇقا 44:22.

**30:12** يۇھ. 42:11.

31:12 **«ھازىر بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ تاشقىرىغا قوغلىنىش ۋاقتى كەلدى»** ــ «بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى» ــ شەيتاننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**31:12** يۇھ. 30:14؛ 11:16؛ كول. 15:2.

**32:12** چۆل. 9:21؛ 2پاد. 4:18؛ يۇھ. 14:3؛ 28:8.

دەيسەن؟! بۇ قانداقمۇ «ئىنسانئوغلى» بولسۇن؟ ــ دەپ سورىدى.
[35] شۇڭا ئەيسا ئۇلارغا: ــ نۇرنىڭ ئاراڭلاردا بولىدىغان ۋاقتى ئۇزۇن
بولمايدۇ. شۇڭا قاراڭغۇلۇقنىڭ سىلەرنى بېسىۋالماسلىقى ئۈچۈن،
نۇر بار ۋاقتىدا ئۇنىڭدا مېڭىڭلار؛ قاراڭغۇلۇقتا ماڭغان كىشى
ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. [36] نۇر ئاراڭلاردا بار
ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار؛ بۇنىڭ بىلەن نۇرنىڭ پەرزەنتلىرى
بولىسىلەر، ــ دېدى.
ئەيسا بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئايرىلىپ
يوشۇرۇنۇۋالدى.

## يەھۇدىي خەلقىنىڭ مەسىھنى رەت قىلىشى

[37] گەرچە ئۇ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنچە تولا مۆجىزىلىك ئالامەت
كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار تېخى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمىدى. [38] شۇنىڭ
بىلەن يەشايا پەيغەمبەرنىڭ يازمىسىدا ئالدىنئالا كۆرسىتىلگەن
بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇردى:
«ئى پەرۋەردىگار، بىزنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىمىزگە كىممۇ ئىشەنگەن؟
ھەم «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» بولغۇچى كىمگىمۇ ئايان قىلىنغان؟»

---

**34:12** «سەن قانداقسىگە «ئىنسانئوغلى كۆتۈرۈلۈشى كېرەك» دەيسەن؟!» ــ خالايىقنىڭ «ئىنسانئوغلى» (مەسىھ) توغرۇلۇق كۆزدە تۇتقىنى مەسىھنىڭ ئۆلۈغلۇقىنى كۆرسىتىدىغان «يار.» 10:49، «زەب.» 35:89-37، 2:110، «يەش.» 7:9، «ئەز.» 25:37، «دان.» 14:7 ئىدى

**34:12** 2سام. 16:7؛ 1تار. 10:22؛ زەب. 6:45-7؛ 36:89؛ 4:110؛ يەش. 5:9؛ يەر. 6:23؛ ئەز. 26:37؛ دان. 44:2؛ 14:7، 27؛ مىك. 7:4؛ ئىبر. 8:1.

**35:12** يەر. 16:13؛ يۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 5:9؛ 46:12؛ ئەف. 8:5؛ 1ئىيۇ. 4:5

**38:12** «ئى پەرۋەردىگار، بىزنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىمىزگە كىممۇ ئىشەنگەن؟» ھەم «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» بولغۇچى كىمگىمۇ ئايان قىلىنغان؟» ــ «يەش.» 1:53.
«پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» ــ بىر زات، يەنى دەل خۇدانىڭ مەسىھى بولسا كېرەك («يەش.» 2:53، 3-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).

**38:12** يەش. 1:53؛ رىم. 16:10.

[40-39] خالايىقنىڭ ئېتىقاد قىلمىغىنىنىڭ سەۋەبى دەل شۇكى (خۇددى يەشايا پەيغەمبەر يەنە ئالدىنئالا ئېيتقاندەك):

«پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور،
قەلبىنى تاش قىلدى؛
مەقسەت، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆرۈپ،
قەلبىنىڭ چۈشىنىپ،
گۇناھلىرىدىن يېنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر؛
بولمىسا، مەن ئۇلارنى ساقايتقان بولاتتىم، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار».

[41] بۇ سۆزلەرنى يەشايا پەيغەمبەر مەسىھنىڭ شان-شەرىپىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قارىتا ئالدىنئالا سۆز قىلغىنىدا ئېيتقانىدى.
[42] ۋەھالەنكى، گەرچە ھەتتا يەھۇدىي ئاقساقاللىرىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار پەرىسىيلەر ۋەجىدىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سىناگوگتىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلمەسلىكى

---

40-39:12 **«پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور، قەلبىنى تاش قىلدى»** ــ مۇشۇ يەردە «پەرۋەردىگار» گرېك تىلىدا «ئۇ». **«پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور، قەلبىنى تاش قىلدى؛ مەقسەت، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆرۈپ، قەلبىنىڭ چۈشىنىپ، گۇناھلىرىدىن يېنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر؛ بولمىسا، مەن ئۇلارنى ساقايتقان بولاتتىم»** ــ «يەش.» 10:6.

**40-39:12** يەش. 9:6، 10؛ ئەز. 2:12؛ مات. 14:13؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11

41:12 **«بۇ سۆزلەرنى يەشايا پەيغەمبەر مەسىھنىڭ شان-شەرىپىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قارىتا ئالدىنئالا سۆز قىلغىنىدا ئېيتقانىدى»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇنىڭشان-شەرىپىنى كۆرۈپ...» دېيىلىدۇ. كىمنىڭ شان-شەرىپى؟ ئېنىقكى، «ئۇنىڭ» مۇشۇ يەردە مەسىھنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. 37-، 39- ۋە 42-ئايەتنى كۆرۈڭ (كىمگە ئېتىقاد قىلىش كېرەك؟). تولۇق ئىش «يەش.» 1:6-13دە خاتىرىلىنىدۇ. يەشايا بۇ بېشارەتنى بەرگەن چاغدا پەرۋەردىگار خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى كۆرگەچكە، خۇلاسىمىز شۇكى، «مەسىھ ئۆزى خۇدانىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىپادىسى»دىن ئىبارەتتۇر.

**41:12** يەش. 1:6.

ئۈچۈن ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدى. [43]بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئىنسانلاردىن
كېلىدىغان ئىززەت-شۆھرەتنى خۇدادىن كېلىدىغان ئىززەت-
شۆھرەتتىن ياخشى كۆرەتتى.
[44]بىراق ئەيسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:
ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچى ماڭىلا ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكۈچىگە
ئېتىقاد قىلغۇچىدۇر. [45]كىمكى مېنى كۆرگۈچى بولسا، مېنى
ئەۋەتكۈچىنى كۆرگۈچى بولىدۇ. [46]مەن ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچىلار
قاراڭغۇلۇقتا قالمىسۇن دەپ، نۇر سۈپىتىدە دۇنياغا كەلدىم.
[47]بىرسى سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى تۇتمىسا، ئۇنى سوراققا
تارتمايمەن؛ چۈنكى مەن دۇنيادىكىلەرنى سوراققا تارتقىلى ئەمەس،
بەلكى دۇنيادىكىلەرنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم. [48]بىراق مېنى چەتكە
قاققۇچىنى، شۇنداقلا سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلمىغاننى بولسا،
ئۇنى سوراققا تارتقۇچى بىرسى بار. ئۇ بولسىمۇ، مەن ئېيتقان سۆز-
كالامىمدۇر. ئۇ ئاخىرقى كۈنى ئۇنى سوراققا تارتىدۇ. [49]چۈنكى مەن
ئۆزلۈكۈمدىن سۆزلىگىنىم يوق، بەلكى مېنى ئەۋەتكەن ئاتا مېنىڭ
نېمىنى دېيىشىم ۋە قانداق سۆزلىشىم كېرەكلىكىگە ئەمر بەرگەن.

42:12 **«نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار پەرىسىيلەر ۋەجىدىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سىناگوگتىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدى»** — مۇشۇ يەردە «سىناگوگ» يەھۇدىيلارنىڭ ئومۇمىي جەمئىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. «سىناگوگتىن چىقىرىلىش» — كىمكى سىناگوگتىن چىقىرىۋېتىلسە، يەھۇدىيلار جەمئىيىتىدىكىلەر ئۇلار بىلەن ھېچ باردى-كەلدى قىلمايتتى.

**42:12** يۇھ. 13:7؛ 22:9.

**43:12** يۇھ. 44:5.

**45:12** يۇھ. 30:10؛ 9:14.

**46:12** يەش. 42:6؛ 49:6؛ يۇھ. 1:9؛ 8:12؛ 9:5؛ 12:46؛ روس. 13:47.

**47:12** يۇھ. 3:17؛ 9:39.

**48:12** مار. 16:16؛ يۇھ. 3:18؛ 8:24.

[50] ئۇنىڭ ئەمرىنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.
شۇڭا نېمىنى سۆزلىسەم، ئاتا ماڭا بۇيرۇغىنىدەك سۆزلەيمەن.

## ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ پۇتىنى يۇيۇشى

13 [1] ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدىن ئىلگىرى، ئەيسا بۇ دۇنيادىن
ئايرىلىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا بارىدىغان ۋاقىت-سائەتنىڭ
يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئۆز
ئادەملىرىگە كۆرسىتىپ كەلگەن مېھىر-مۇھەببىتىنى ئاخىرغىچە
تولۇق كۆرسىتىپ تۇردى. [2] ئەمدى كەچلىك تاماق يېيىلىۋاتاتتى؛
ئىبلىس ئاللىبۇرۇن سىموننىڭ ئوغلى يەھۇدا ئىشقارىيوتنىڭ
كۆڭلىگە ئەيساغا ساتقۇنلۇق قىلىش ۋەسۋەسىسىنى سالغانىدى.
[3] ئەيسا ئاتىسىنىڭ ھەر ئىشنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغىنىنى، ۋە ئۆزىنىڭ
خۇدانىڭ يېنىدىن كېلىپ، خۇدانىڭ يېنىغا قايتىدىغانلىقىنى
بىلگەچكە، [4] داستىخاندىن تۇرۇپ، تون-كۆڭلىكىنى يېشىپ،
بىر لۆڭگە بىلەن بېلىنى باغلىدى. [5] ئاندىن جاۋۇرغا سۇ قۇيۇپ،
مۇخلىسلارنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇشقا ۋە بېلىگە باغلىغان لۆڭگە بىلەن
سۈرتۈپ قۇرۇتۇشقا باشلىدى. [6] نۆۋەت سىمون پېترۇسقا كەلگەندە،

---

**49:12** **«مېنىڭ نېمىنى دېيىشىم ۋە قانداق سۆزلىشىم كېرەكلىكى»** ــ ياكى بولمىسا «مېنىڭ نېمە تەلىم-ئەمر بېرىشىم ۋە نېمىنى سۆزلىشىم كېرەكلىكى».

**49:12** قان. 18:18؛ يـۇھ. 11:3؛ 20:5؛ 16:7؛ 28:8؛ 10:14، 24؛ 13:16.

**1:13** **«ئەيسا... بۇ دۇنيادىكى ئۆز ئادەملىرىگە كۆرسىتىپ كەلگەن مېھىر-مۇھەببىتىنى ئاخىرغىچە تولۇق كۆرسىتىپ تۇردى»** ــ بۇ مۇھەببەت بەلكىم تۆۋەندىكى 1-20-ئايەتلەردە مۇخلىسلىرىنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇشى، شۇنداقلا 13-18-بابلاردا خاتىرىلەنگەندەك ئۇلارغا كۆرسەتكەن سەۋر-تاقەت، كەچۈرۈم، مېھرىبانلىقىنى، ئاندىن ئاخىرىدا ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا كېرەك.

**1:13** مات. 2:26؛ مار. 1:14؛ لۇقا 1:22.

**2:13** لۇقا 3:22؛ يـۇھ. 2:13.

**3:13** مات. 27:11؛ 18:28؛ يـۇھ. 35:3.

**پېترۇس ئۇنىڭغا:**
**ئى رەب، پۇتۇمنى سەن يۇساڭ قانداق بولغىنى؟! ــ دېدى.**
**[7] ئەيسا ئۇنىڭغا:**
**نېمە قىلىۋاتقىنىمنى ھازىر بىلمەيسەن، لېكىن كېيىن بىلىسەن، ــ دېدى.**
**[8] پېترۇس: ــ سەن مېنىڭ پۇتۇمنى يۇساڭ ھەرگىز بولمايدۇ! ــ دېدى.**
**ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن: ــ سېنى يۇمىسام، مېنىڭ بىلەن تەڭ نېسىۋەڭ بولمايدۇ، ــ دېدى.**
**[9] سىمون پېترۇس:**
**ئى رەب، ئۇنداقتا پەقەت پۇتلىرىمنىلا ئەمەس، قوللىرىمنىمۇ، بېشىمنىمۇ يۇغايسەن! ــ دېدى.**
**[10] ئەيسا ئۇنىڭغا:**
**بەدىنى يۇيۇلۇپ، تامامەن پاكىز بولغان ئادەم پەقەت پۇتلىرىنى يۇسىلا قايتا يۇيۇنۇشىنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. سىلەر پاكىز، لېكىن ھەممىڭلار ئەمەس، ــ دېدى [11] (چۈنكى ئۇ ئۆزىنى كىمنىڭ تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ھەممىڭلارلا پاكىز ئەمەس» دېگەنىدى). [12] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، تون-كۆڭلىكىنى كىيىپ، يەنە داستىخانغا ئولتۇرۇپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:**
**سىلەرگە نېمە قىلغىنىمنى ئۇقتۇڭلارمۇ؟ [13] سىلەر مېنى «ئۇستاز» ۋە**

**6:13** مات. 14:3.

10:13 **«...بەدىنى يۇيۇلۇپ، تامامەن پاكىز بولغان ئادەم پەقەت پۇتلىرىنى يۇسىلا قايتا يۇيۇنۇشىنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ»** ــ مۇشۇ سىرلىق گەپنىڭ مەنىسى نېمە؟ بىزنىڭچە قۇتقۇزغۇچىمىزنىڭ «پۇت يۇيۇش» دېگەن بۇ ھەرىكىتى ئۆزىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ كرېستلىنىشنى قوبۇل قىلىشىغا بېشارەت بولىدۇ. شۇڭا، مۇخلىسلار بۇنى قوبۇل قىلمىسا بولمايدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**10:13** يۇھ. 3:15.

**11:13** يۇھ. 64:6.

«رەب» دەيسىلەر ۋە راست ئېيتىسىلەر، مەن شۇنداقتۇرمەن. [14] ئەگەر
مەن رەب ۋە ئۇستازىڭلار تۇرۇقلۇق، پۇتلىرىڭلارنى يۇغانىكەنمەن،
سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇشۇڭلار كېرەك. [15] مەن
سىلەرگە قىلغاندەك سىلەرنىڭمۇ ھەم شۇنداق قىلىشىڭلار ئۈچۈن بۇ
ئۈلگىنى قالدۇردۇم. [16] بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ
قويايكى، قۇل خوجايىنىدىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ، ئەلچىمۇ ئۆزىنى
ئەۋەتكۈچىدىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ. [17] بۇ ئىشلارنى بىلگەنىكەنسىلەر،
شۇنداق قىلساڭلار بەختلىكسىلەر!

## ئەيسانىڭ ساتقۇنلۇق بىلەن تۇتۇلۇشنى ئالدىن ئېيتىشى

مات. 26:20-25؛ مار. 14:17-21؛ لۇقا 22:21-23

[18] مەن بۇلارنى ھەممىڭلارغا قارىتىپ ئېيتمىدىم. مەن تاللىغانلىرىمنى
بىلىمەن، لېكىن مۇقەددەس يازمىلاردا ئالدىن پۈتۈلگەن: «مەن بىلەن
ھەمداستىخان بولۇپ نېنىمنى يېگەنمۇ ماڭا پۇت ئاتتى!» دېگەن بۇ
سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي قالمايدۇ. [19] مەن بۇ ئىش يۈز بېرىشتىن
ئاۋۋال ئۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، ئۇ ئىشلار يۈز بەرگەندە مېنىڭ

---

**13:13** مات. 8:23، 10؛ 1كور. 6:8؛ 3:12؛ فىل. 11:2.

**14:13 «ئەگەر مەن رەب ۋە ئۇستازىڭلار تۇرۇقلۇق، پۇتلىرىڭلارنى يۇغانىكەنمەن، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇشۇڭلار كېرەك»** ــ ئوقۇرمەنلەر مۇخلىسلارنىڭ مەسىھنى «ئۇستاز» ئاندىن «رەب» دەيدىغانلىقىنى (13-ئايەت)، لېكىن مەسىھ بولسا ئۆزىنى «رەب» ۋە «ئۇستاز» دەيدىغانلىقىنى بايقىيالايدۇ (13-14-ئايەت) ۋە شۇنداقلا تەرتىپنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئويلىيالايدۇ.

**14:13** گال. 1:6، 2.

**15:13** 1پېت. 21:2؛ 1يۇھ. 6:2.

**16:13** مات. 24:10؛ لۇقا 40:6؛ يـۇھ. 20:15.

**18:13 «مەن بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ نېنىمنى يېگەنمۇ ماڭا پۇت ئاتتى!»** ــ «زەب.» 9:41نى كۆرۈڭ.

**18:13** زەب. 9:41؛ مات. 23:26؛ 1يۇھ. 19:2

«بار بولغۇچى» ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىسىلەر. [20] بەرھەق، بەرھەق،
سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، كىمكى مەن ئەۋەتكەن ھەرقانداق
بىرسىنى قوبۇل قىلغان بولسا، مېنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ؛ ۋە مېنى
قوبۇل قىلغۇچىلار مېنى ئەۋەتكۈچىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ.
[21] ئەيسا بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، روھتا قاتتىق پىغان چېكىپ،
مۇنداق گۇۋاھلىق بەردى:
بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئاراڭلاردا
بىرەيلەن ماڭا ساتقۇنلۇق قىلىدۇ!
[22] مۇخلىسلار كىمنى دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، بىر-بىرىگە قاراشتى.
[23] ئەمدى داستىخاندا مۇخلىسلىرىدىن بىرى ئەيسانىڭ مەيدىسىگە
يۆلىنىپ ياتقانىدى؛ ئۇ بولسا «ئەيسا سۆيىدىغان مۇخلىس» ئىدى.
[24] سىمون پېترۇس ئۇنىڭدىن ئەيسانىڭ كىمنى دەۋاتقىنىنى سوراپ
بېقىشىنى ئىشارەت قىلدى.
[25] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەيسانىڭ مەيدىسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:
ئى رەب، ئۇ كىمدۇر؟ ــ دەپ سورىدى.
[26] ئەيسا جاۋاب بېرىپ:
بۇ بىر چىشلەمناننى ئاشقا تۆگۈرۈپ كىمگە سۇنسام، شۇدۇر، ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر چىشلەم ناننى ئاشقا تۆگۈرۈپ، سىموننىڭ
ئوغلى يەھۇدا ئىشقارىيوتقا سۇندى. [27] يەھۇدا ناننى ئېلىشىدى،
شەيتان ئۇنىڭ ئىچىگە كىردى.

---

19:13 **«ئۇ ئىشلار يۈز بەرگەندە مېنىڭ «بار بولغۇچى» ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىسىلەر» ــ** ياكى «ئۇ ئىشلار يۈز بەرگەندە مېنىڭ «ئۇ» (يەنى، مەسىھ) ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىسىلەر».

**19:13** يۇھ. 29:14؛ 4:16.

**20:13** مات. 40:10؛ لۇقا 16:10.

**21:13** مات. 21:26؛ مار. 18:14؛ لۇقا 21:22؛ روس. 17:1؛ 1يۇھ. 19:2.

26:13 **«بۇ بىر چىشلەم ناننى ئاشقا تۆگۈرۈپ كىمگە سۇنسام، شۇدۇر»** ــ داستىخاندا ئولتۇرۇپ بىرسىگە بىر چىشلەم ناننى ئاشقا تۆگۈرگەن ھالدا سۇنۇش چوڭقۇر مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈش ھەرىكىتى ئىدى.

قىلىدىغىنىڭنى چاپسان قىل، ــ دېدى ئەيسا ئۇنىڭغا.
[28] (ئەمدى داستىخاندا ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ يەھۇداغا
بۇ سۆزلەرنى نېمە ئۈچۈن دېگىنىنى بىلمىدى. [29] يەھۇدا ئۇلارنىڭ
ئورتاق ھەمىيانىنى تۇتقىنى ئۈچۈن، بەزىلەر ئەيسا ئۇنىڭغا: «بىزگە
كېرەكلىك ھېيتلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەل» ياكى «كەمبەغەللەرگە
بىرەر نەرسە بەر» دەۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاشتى).
[30] يەھۇدا بۇ بىر چىشلەم ناننى ئېلىپلا تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى (بۇ
چاغ كېچە ئىدى).

## يېڭى ئەمر

[31] يەھۇدا تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەيسا مۇنداق دېدى:
ئەمدى ئىنسانئوغلى ئۇلۇغلىنىدىغان ۋاقىت-سائەت يېتىپ كەلدى
ۋە خۇدا ئۇ ئارقىلىق ئۇلۇغلىنىدۇ. [32] ۋە ئەگەر خۇدا ئۇنىڭدا ئۇلۇغلانسا،
خۇدامۇ ئۆزىدە ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ، شۇنداقلا دەرھال ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ.
[33] باللىرىم، سىلەر بىلەن بىللە بولىدىغان يەنە ئازغىنا ۋاقتىم
قالدى. سىلەر مېنى ئىزدەيسىلەر، لېكىن مېنىڭ يەھۇدىيلارغا:
«مەن بارىدىغان يەرگە سىلەر بارالمايسىلەر» دەپ ئېيتقىنىمدەك،

**27:13** لۇقا 3:22
**29:13** يۇھ. 6:12.
30:13 **«بۇ چاغ كېچە ئىدى»** ــ بۇ دېگەننىڭ ئەسلى مەنىسىدىن باشقا، كۆچمە مەنىسى باردۇر. يۇقىرىدىكى 5:9، 11:9-10، 12:35-36دە ئەيسانىڭ «كۈندۈز» ۋە «قاراڭغۇلۇق» ياكى «كېچە» توغرۇلۇق سۆزلىرىنى كۆرۈڭ.
32:13 **«ئەگەر خۇدا ئۇنىڭدا ئۇلۇغلانسا، خۇدامۇ ئۆزىدە ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ، شۇنداقلا دەرھال ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ»** ــ بىزنىڭ قارىشىمىزچە «ئۆزىدە» مۇشۇ يەردە «خۇدا ئۆزىدە» دېگەننى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار مۇشۇ يەردە «ئۆزىدە» «مەسىھنىڭ ئۆزىدە» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. **«خۇدامۇ ئۆزىدە ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ»** ــ ياكى (يۇقىرىقى ئىزاھاتتا ئېيتىلغاندەك) «خۇدا ئۇنى (ئىنسانئوغلىنىڭ) ئۆزىدە ئۇلۇغلايدۇ».
— بۇ مۇھىم 31-32-ئايەتلەر ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.
**32:13** يۇھ. 12:23؛ 1:17.

بۇنى سىلەرگىمۇ ئېيتىمەن.
[34] سىلەرگە يېڭى بىر ئەمر تاپشۇرىمەنكى، «بىر-بىرىڭلارنى
سۆيۈڭلار». سىلەرنى سۆيگىنىمدەك، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنى
سۆيۈڭلار. [35] ئاراڭلاردا بىر-بىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببىتىڭلار بولسا،
ھەممە ئادەم سىلەرنىڭ مېنىڭ مۇخلىسلىرىم ئىكەنلىكىڭلارنى
بىلىدۇ.

## ئەيسانىڭ پېترۇسنىڭ تانىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىشى

مات. 26:31-35؛ مار. 14:27-31؛ لۇقا 22:31-34

[36] سىمون پېترۇس ئۇنىڭدىن:
ئى رەب، قەيەرگە بارىسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
ئەيسا جاۋابەن: ــ مەن كېتىدىغان يەرگە ھازىرچە ئەگىشىپ
بارالمايسەن، لېكىن كېيىن ماڭا ئەگىشىپ بارىسەن، ــ دېدى.
[37] پېترۇس ئۇنىڭغا:
ئى رەب، نېمە ئۈچۈن ھازىر سېنىڭ كەينىڭدىن ئەگىشىپ بارالمايمەن؟
سەن ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلاي! ــ دېدى.
[38] ئەيسا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

---

**33:13** يۇھ. 7:34؛ 8:21.
**34:13** لاۋ. 19:18؛ مات. 22:39؛ يۇھ. 15:12؛ ئەف. 5:2؛ 1تېس. 4:9؛ 1پېت. 4:8؛ 1يۇھ. 3:23؛ 4:21.
**35:13** 1يۇھ. 2:5؛ 4:20.
36:13 **«مەن كېتىدىغان يەرگە ھازىرچە ئەگىشىپ بارالمايسەن، لېكىن كېيىن ماڭا ئەگىشىپ بارىسەن»** ــ «كېيىن ئەگىشىپ بارىسەن» ــ پېترۇس جىسمانىي تەرەپتىن (ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش يولىدا) پېترۇس رەبگە ئەگىشەلمىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئەيسانىڭ كۆزدە تۇتقىنى روھىي جەھەتتىكى «خۇدانىڭ يولىدا پىدا بولۇش» ئىدى. شۇ تەرەپتىمۇ پېترۇس ئەيساغا ئەگىشىشكە تەييار بولمىدى. ئۇ ئاۋۋال ئەيسادىن تېنىپ، ئاندىن قاتتىق توۋا قىلىش جەريانى ئارقىلىق، شۇنداقلا مۇقەددەس روھنىڭ كۈچلىشى بىلەن ئۇ «كېيىن» تەييار بولدۇ. مەسىھنىڭ «كېيىن ماڭا ئەگىشىسەن» دېگىنى بولسا، پېترۇس قاتتىق تىيىلىپ كەتكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا تەسەللى يەتكۈزىدىغان قىممەتلىك ۋەدە بولىدۇ.
**36:13** يۇھ. 21:18؛ 2پېت. 1:14
**37:13** مات. 26:33؛ مار. 14:29؛ لۇقا 22:33.

مەن ئۈچۈن راستىنلا جېنىڭنى پىدا قىلامسەن؟ بەرھەق، بەرھەق، ساڭا ئېيتىپ قويايكى، خوراز چىللىغۇچە، سەن مەندىن ئۈچ قېتىم تانىسەن!

## ئەيسا سۆزىنى داۋام قىلدۇ ـ «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىقتۇرمەن»

14 [1] كۆڭلۈڭلارنى پاراكەندە قىلماڭلار! خۇداغا ئىشىنىسىلەر،
ماڭىمۇ ئىشىنىڭلار. [2] ئاتامنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن ماكانلار
بار. بولمىغان بولسا، بۇنى سىلەرگە ئېيتقان بولاتتىم؛ چۈنكى مەن
ھەربىرىڭلارغا ئورۇن تەييارلاش ئۈچۈن شۇ يەرگە كېتىپ بارىمەن.
[3] مەن سىلەرگە ئورۇن تەييارلىغىلى بارىدىغانىكەنمەن، چوقۇم قايتىپ
كېلىپ، سىلەرنى ئۆزۈمگە ئالىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن، مەن قەيەردە
بولسام، سىلەرمۇ شۇ يەردە بولىسىلەر. [4] سىلەر مېنىڭ قەيەرگە
كېتىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇ يەرگە بارىدىغان يولنى بىلىسىلەر.

**38:13 «خوراز چىللىغۇچە، سەن مەندىن ئۈچ قېتىم تانىسەن!»** ــ گرېك تىلىدا «سەن مەندىن ئۈچ قېتىم تانمىغۇچە، خوراز چىللىمايدۇ».

**38:13** مات. 34:26؛ مار. 30:14؛ لۇقا 34:22.

**2:14 «ئاتامنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن ماكانلار بار»** ــ بۇ سۆزلەر جەننەتنى كۆرسىتەمدۇ؟ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئەيسا 2-بابتا ئۆز تېنىنى «خۇدانىڭ ئۆيى» (ئىبادەتخانا) دەپ سۈرەتلىدى، شۇنداقلا 35:8دە «خۇدانىڭ ئۆيى»نى روھىي جەھەتتىن تىلغا ئالدى. بۇنىڭغا قارىغاندا «تۇرالغۇ-ماكان»نى روھىي جەھەتتىن چۈشىنىش كېرەك. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ توغرىسىدا توختىلىمىز.

**2:14** مىس. 17:15؛ 1تار. 13:8، 39، 49

**3:14 «مەن سىلەرگە ئورۇن تەييارلىغىلى بارىدىغانىكەنمەن، چوقۇم قايتىپ كېلىپ، سىلەرنى ئۆزۈمگە ئالىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن، مەن قەيەردە بولسام، سىلەرمۇ شۇ يەردە بولىسىلەر»** ــ مەسىھنىڭ بۇ «قايتىپ كېلىش»ى مەسىھنىڭ قىيامەتتە دۇنياغا كېلىشى ياكى مۇقەددەس روھنىڭ ئەۋەتىلىشىنى كۆرسىتەمدۇ؟ بۇ ئۈچىنچى ئايەت ئۈستىدىمۇ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**3:14** يۇھ. 26:12؛ 24:17.

[5]توماس ئۇنىڭغا: ــ ئى رەب، سېنىڭ قەيەرگە كېتىدىغانلىقىڭنى
بىلمەيمىز. شۇنداق ئىكەن، يولنى قانداق بىلىمىز؟ ــ دېدى.
[6]ئەيسا ئۇنىڭغا:
يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم
ئاتىنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. [7]ئەگەر مېنى تونۇغان بولساڭلار،
ئاتامنىمۇ تونۇغان بولاتتىڭلار. ھازىردىن باشلاپ ئۇنى تونۇدۇڭلار ھەم
ئۇنى كۆردۇڭلار، ــ دېدى.
[8]ــ ئى رەب، ئاتىنى بىزگە كۆرسىتىپ قويساڭلا، شۇ كۇپايە، ــ دېدى فىلىپ.
[9]ئەيسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ــ «ئى فىلىپ، سىلەر بىلەن بىرگە
بولغىنىمغا شۇنچە ۋاقىت بولدى، مېنى تېخىچە تونۇمىدىڭمۇ؟
مېنى كۆرگەن كىشى ئاتىنى كۆرگەن بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن
نېمىشقا يەنە: «بىزگە ئاتىنى كۆرسەتكەيسەن» دەيسەن؟ [10]مەن
ئاتىدا، ئاتا مەندە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەمسەن؟ سىلەرگە ئېيتقان
سۆزلىرىمنى ئۆزلۈكۈمدىن ئېيتقىنىم يوق؛ بەلكى مەندە تۇرۇۋاتقان
ئاتا ئۆز ئەمەللىرىنى قىلىۋاتىدۇ. [11]مېنىڭ ئاتىدا بولغانلىقىمغا،
ئاتىنىڭ مەندە بولغانلىقىغا ئىشىنىڭلار. ياكى ھېچبولمىغاندا،
مېنىڭ قىلغان ئەمەللىرىمدىن ماڭا ئىشىنىڭلار.

---

6:14 **«يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم ئاتىنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ»** ــ مەسىھ ئۇچۇن ئاتىنىڭ يېنىغا بارىدىغان يول كرېستتىكى ئۆلۈم ئارقىلىق بولاتتى؛ ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن، مەسىھنىڭ ئۆزى ئاتىنىڭ ئالدىغا بارىدىغان يولدۇر.

**6:14** يۇھ. 1:4، 17؛ 9:10؛ 25:11؛ ئىبر. 9:8.

**9:14** يۇھ. 30:10.

**10:14** يۇھ. 5:17؛ 7:16؛ 8:28؛ 10:38؛ 12:49؛ 16:13؛ 17:21.

11:14 **«... ھېچبولمىغاندا، مېنىڭ قىلغان ئەمەللىرىمدىن ماڭا ئىشىنىڭلار»** ــ 11- ۋە 12-ئايەتلەردە «ئەمەللەر» ئەيسا ياراتقان مۆجىزىلىك ئالامەتلەر.

[12] بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ماڭا
ئىشەنگەن كىشى مېنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىمنى قىلالايدۇ؛ ۋە
بۇلاردىنمۇ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئەمەللەرنى قىلىدۇ، چۈنكى مەن ئاتىنىڭ
يېنىغا قايتىپ كېتىمەن. [13] ۋە ئاتىنىڭ ئوغۇلدا ئۇلۇغلىنىشى ئۈچۈن،
ھەرنېمىنى مېنىڭ نامىم بىلەن تىلىسەڭلار، شۇلارنى ئىجابەت
قىلىمەن. [14] مېنىڭ نامىم بىلەن ھەرقانداق نەرسىنى تىلىسەڭلار،
مەن سىلەرگە شۇنى ئىجابەت قىلىمەن».

## ئەيسانىڭ مۇقەددەس روھنى ئەۋەتىشى؛ ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى

[15] ــ «مېنى سۆيسەڭلار، ئەمرلىرىمگە ئەمەل قىلىسىلەر. [16] مەنمۇ
ئاتىدىن تىلەيمەن ۋە ئۇ سىلەرگە باشقا بىر ياردەمچى ئاتا قىلىدۇ.
ئۇ سىلەر بىلەن ئەبەدگىچە بىرگە بولىدۇ. [17] ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتنىڭ
روھىدۇر. ئۇنى بۇ دۇنيادىكىلەر قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى نە
كۆرمەيدۇ، نە تونۇمايدۇ. بىراق سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر، چۈنكى ئۇ

---

12:14 **«ماڭا ئىشەنگەن كىشى مېنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىمنى قىلالايدۇ؛ ۋە بۇلاردىنمۇ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئەمەللەرنى قىلىدۇ، چۈنكى مەن ئاتىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىمەن»** ــ بۇ «تېخىمۇ ئۇلۇغ ئەمەللەر» ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**12:14** مات. 21:21؛ لۇقا 6:17؛ روس. 12:5؛ 11:19.

**13:14** يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3.

**15:14** يـۇھ. 21:14، 23؛ 10:15؛ 1يۇھ. 3:5.

16:14 **«مەنمۇ ئاتىدىن تىلەيمەن ۋە ئۇ سىلەرگە باشقا بىر ياردەمچى ئاتا قىلىدۇ»** ــ مۇھىم سۆز «**باشقا بىر** ياردەمچى»دۇر. بىرىنچى «ياردەمچى» بولسا ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى، ئەلۋەتتە. «ياردەمچى» گرېك تىلىدىكى «پاراكلېتوس» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. گرېك تىلىدىكى «پاراكلېتوس»نىڭ تولۇق مەنىسى «مەلۇم بىراۋنىڭ يېنىغا ياردەم بېرىشكە چاقىرىلغۇچى»، يەنى «تەسەللى بەرگۈچى»، «ھەمراھ»، «مەسلىھەتچى»، «كۆچەيتكۈچى»، «ئادۋوكات-ئاقلىغۇچى» قاتارلىقلاردۇر. «باشقا بىر...» دېگىنى بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەيسا مۇخلىسلار بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا قانداق جەھەتلەردىن «ياردەمچى» بولغان بولسا، ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلغاندا، مۇقەددەس روھ ئۇلارغا ئەيسانىڭ تولۇق ۋەكىلى بولۇپ، ئىككىنچى «ياردەمچى» رولىدا بولىدۇ، دېگەن قىممەتلىك ۋەدىنى بىلدۈرىدۇ.

سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ ھەم سىلەردە ماكان قىلىدۇ.
[18] مەن سىلەرنى يېتىم قالدۇرمايمەن، يېنىڭلارغا يەنە قايتىپ
كېلىمەن. [19] ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن، بۇ دۇنيا مېنى كۆرمەيدۇ، لېكىن
سىلەر كۆرۈسىلەر. مەن ھايات بولغانلىقىم ئۈچۈن، سىلەرمۇ ھايات
بولىسىلەر. [20] شۇ كۈندە مېنىڭ ئاتامدا بولغانلىقىم، سىلەرنىڭ مەندە
بولغانلىقىڭلار ۋە مەنمۇ ھەم سىلەردە بولغانلىقىمنى بىلىسىلەر.
[21] كىم ئەمرلىرىمگە ئىگە بولۇپ ئۇلارنى تۇتسا، مېنى سۆيگۈچى شۇ
بولىدۇ. مېنى سۆيگۈچىنى ئاتاممۇ سۆيىدۇ، مەنمۇ ئۇنى سۆيىمەن
ۋە ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئايان قىلىمەن». [22] يەھۇدا (يەھۇدا ئىشقارىيوت
ئەمەس) ئۇنىڭدىن:
ئى رەب، سەن ئۆزۈڭنى بۇ دۇنيادىكىلەرگە ئايان قىلماي، بىزگىلا ئايان
قىلىشىڭ قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدى.
[23] ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
«بىركىم مېنى سۆيسە، سۆزۈمنى تۇتىدۇ؛ ئاتاممۇ ئۇنى سۆيىدۇ ۋە ئاتام
بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماكان قى
لىمىز. [24] مېنى سۆيمەيدىغان كىشى سۆزلىرىمنى تۇتمايدۇ؛ ۋە سىلەر
ئاڭلاۋاتقان بۇ سۆز بولسا مېنىڭ ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكەن ئاتىنىڭ

---

17:14 **«ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتنىڭ روھىدۇر»** — «ھەقىقەتنىڭ روھى» — ياكى «ھەقىقەتكە باشلىغۇچى روھ». **«سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر، چۈنكى ئۇ سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ»** — ئۇلار قايسى يول بىلەن مۇقەددەس روھنى تونۇيدۇ؟ ئۇ شۇ چاغدا قانداق يول بىلەن «ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىدۇ»؟ جاۋاب شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئەيسانى تونۇغاچقا، مۇقەددەس روھنىمۇ تونۇغان بولىدۇ؛ ئەيسا ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغاچقا، مۇقەددەس روھمۇ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن ئەيسا ئۇلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ «ئىچىدە، قەلبىدە، روھىدا» ماكان قىلىدۇ.

**18:14** مات. 20:28.

22:14 **«ئى رەب، سەن ئۆزۈڭنى بۇ دۇنيادىكىلەرگە ئايان قىلماي، بىزگىلا ئايان قىلىشىڭ قانداق ئىش؟»** — شۈبھىسىزكى، مۇخلىسلار ئۇنى دەرھال ئۆزىنى پۈتكۈل دۇنياغا ئايان قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

23:14 **«ئاتام بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماكان قىلىمىز»** — «ئاتام بىلەن ئىككىمىز» گرېك تىلىدا «بىز».

كىدۇر. [25] مەن سىلەر بىلەن بىللە بولۇۋاتقان چېغىمدا، بۇلارنى سىلەرگە
ئېيتتىم. [26] لېكىن ئاتا مېنىڭ نامىم بىلەن ئەۋەتىدىغان ياردەمچى،
يەنى مۇقەددەس روھ سىلەرگە ھەممىنى ئۆگىتىدۇ ھەم مېنىڭ سىلەرگە
ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىمنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرىدۇ.
[27] سىلەرگە خاتىرجەملىك قالدۇرىمەن، ئۆز خاتىرجەملىكىمنى سىلەرگە
بېرىمەن؛ مېنىڭ سىلەرگە بەرگىنىم بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ بەرگىنىدەك
ئەمەستۇر. كۆڭلۈڭلارنى پاراكەندە قىلماڭلار ۋە جۈرئەتسىز بولماڭلار.
[28] سىلەر مېنىڭ: «مەن سىلەردىن ئايرىلىپ كېتىمەن، كېيىن
يېنىڭلارغا يەنە قايتىپ كېلىمەن» دېگىنىمنى ئاڭلىدىڭلار.
مېنى سۆيگەن بولساڭلار، ئاتىنىڭ يېنىغا كېتىدىغانلىقىم ئۈچۈن
خۇرسەن بولاتتىڭلار. چۈنكى ئاتا مەندىن ئۇلۇغدۇر. [29] سىلەرنىڭ بۇ
ئىشلار يۈز بەرگىنىدە ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈن بۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن
ئاۋۋال سىلەرگە ئېيتتىم. [30] مۇندىن كېيىن سىلەر بىلەن كۆپ
سۆزلەشمەيمەن؛ چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى كېلىش ئالدىدا
تۇرىدۇ ۋە مەندىن كىرگۈدەك ھېچ يوچۇق تاپالمايدۇ. [31] لېكىن بۇ
دۇنيانىڭ ئادەملىرىنىڭ مېنىڭ ئاتىنى سۆيىدىغانلىقىمنى بىلىشى

---

**24:14** يۇھ. 16:7؛ 28:8؛ 49:12؛ 10:14؛ 13:16.

**26:14** لۇقا 49:24؛ يۇھ. 26:15؛ 7:16، 13؛ روس. 4:2.

27:14 **«مېنىڭ سىلەرگە بەرگىنىم بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرىنىڭ بەرگىنىدەك ئەمەستۇر»** — بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر بىر نەرسە بەرگىنىدە دائىم دېگۈدەك خالاپ بەرمەيدۇ — ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق ۋە نۇرغۇن شەرتلەر بىلەن بېرىدۇ. لېكىن خۇدا بىزگە بىر نەرسە بەرسە ئۇنى قايتۇرغۇزمايدۇ.

**27:14** فىل. 7:4.

**28:14** يۇھ. 3:14.

29:14 **«سىلەرنىڭ بۇ ئىشلار يۈز بەرگىنىدە ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈن بۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال سىلەرگە ئېيتتىم»** — «بۇ ئىشلار» — ئەيسانىڭ تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلۈشى («سىلەردىن ئايرىلىپ كېتىشىم») ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا دەھشەتلىك زەرب بولىدۇ.

**29:14** يۇھ. 19:13؛ 4:16.

30:14 **«بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ ۋە مەندىن كىرگۈدەك ھېچ يوچۇق تاپالمايدۇ»** — «بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى» شەيتان، ئىبلىسنى كۆرسىتىدۇ.

**30:14** يۇھ. 31:12؛ 11:16؛ ئەف. 2:2.

ئۈچۈن ئاتا ماڭا نېمە ئەمر قىلغان بولسا، مەن دەل شۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. تۇرۇڭلار، بۇ جايدىن كېتەيلى».

## ئەيسا ـ ھەقىقىي ئۈزۈم تېلىدۇر؛ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى

15 [1] ـ «ھەقىقىي ئۈزۈم تېلى» ئۆزۈمدۇرمەن، ئاتام بولسا
باغۋەندۇر. [2] باغۋەن مەندىكى مېۋە بەرمەيدىغان ھەربىر
شاخنى كېسىپ تاشلايدۇ. مېۋە بەرگەنلىرىنى بولسا تېخىمۇ كۆپ
مېۋە بەرسۇن دەپ، پاك قىلىپ پۇتاپ تۇرىدۇ. [3] ئەمدى سىلەر مەن
سىلەرگە يەتكۈزگەن سۆزۈم ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن پاك بولدۇڭلار.
[4] سىلەر مەندە ئىزچىل تۇرۇڭلار، مەنمۇ سىلەردە ئىزچىل تۇرىمەن.
شاخ تالدا تۇرماي، ئۆزى مېۋە بېرەلمەيدىغىنىدەك، سىلەرمۇ مەندە
ئىزچىل تۇرمىساڭلار، مېۋە بېرەلمەيسىلەر.

---

31:14 **«ئاتا ماڭا نېمە ئەمر قىلغان بولسا، مەن دەل شۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن»** ــ 30-ئايەت بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. دېمەك، ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇشى، سوتلىنىشى، ھاقارەتلىنىشى ئاندىن كرېستلىنىشىنى ئىختىيارى بىلەن قوبۇل قىلىشىنىڭ تۈپ مەقسىتى بولسا، ئىبلىسنىڭ ئۈستىدىن قانداقتۇر بىر ھوقۇققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاتىنىڭ ئىرادىسى ئۈچۈن بولىدۇ

**31:14** يۇھ. 18:10؛ ئىبر. 5:10.

1:15 **««ھەقىقىي ئۈزۈم تېلى» ئۆزۈمدۇرمەن»** ــ «**ھەقىقىي** ئۈزۈم تېلى» بولغاندىن كېيىن، ساختا ياكى پور-پۇچەك ئۈزۈم تېلىمۇ بارمۇ؟ بۇنىڭ توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»imizde ئازراق توختىلىمىز.

2:15 **«باغۋەن مەندىكى مېۋە بەرمەيدىغان ھەربىر شاخنى كېسىپ تاشلايدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «مەندىكى مېۋە بەرمەيدىغان ھەربىر شاخنى باغۋەن (باراڭغا) ئېسىپ قويىدۇ». لېكىن 6-ئايەتكە قارىغاندا تەرجىمىمىز توغرا بولسا كېرەك. **«مېۋە بەرگەنلىرىنى بولسا تېخىمۇ كۆپ مېۋە بەرسۇن دەپ، پاك قىلىپ پۇتاپ تۇرىدۇ»** ــ «پۇتاپ تۇرىدۇ» گرېك تىلىدا «تازىلايدۇ» ياكى «پاكلايدۇ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. 4-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**2:15** مات. 13:15.

3:15 **«... سىلەر مەن سىلەرگە يەتكۈزگەن سۆزۈم ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن پاك بولدۇڭلار»** ــ «پاك» مۇشۇ يەردە يەنە «پۇتالغان» دېگەن مەنىسىنىمۇ بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بىراق مۇھىم مەنىسى «پاك» ئىكەنلىكىگە شۈبھىسى يوقتۇر (31:10نى كۆرۈڭ).

**3:15** يۇھ. 10:13.

5 «ئۈزۈم تېلى» ئۆزۈمدۇرمەن، سىلەر بولساڭلار شاخلىرىدۇرسىلەر.
كىم مەندە ئىزچىل تۇرسا، مەنمۇ شۇنداقلا ئۇنىڭدا تۇرغىنىمدا،
ئۇ كۆپ مېۋە بېرىدۇ. چۈنكى مەنسىز ھېچنېمىنى قىلالمايسىلەر.
6 بىرسى مەندە تۇرمىسا، ئۇ كېرەكسىز شاختەك تاشلىنىپ،
قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇنداق شاخلار يىغىپ كېلىنىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ.
7 سىلەر مەندە ئىزچىل تۇرساڭلار ۋە سۆزلىرىم سىلەردە ئىزچىل
تۇرسا، نېمىنى تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە شۇ ئىجابەت بولىدۇ.
8 سىلەرنىڭ كۆپ مېۋە بېرىشىڭلار، شۇنداقلا مېنىڭ مۇخلىسلىرىم
ئىكەنلىكىڭلارنى ئىسپاتلىشىڭلار بىلەن شان-شەرەپ ئاتامغا
كەلتۈرۈلىدۇ.
9 ئاتام مېنى سۆيگىنىدەك، مەنمۇ سىلەرنى سۆيدۈم؛ مېنىڭ مېھىر-
مۇھەببىتىمدە ئىزچىل تۇرۇڭلار. 10 ئەگەر ئەمرلىرىمنى تۇتساڭلار،
خۇددى مەن ئاتامنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتقان ۋە ھەمىشە ئۇنىڭ مېھىر-
مۇھەببىتىدە تۇرغىنىمدەك، سىلەرمۇ ھەمىشە مېنىڭ مېھىر-
مۇھەببىتىمدە تۇرىسىلەر.
11 مېنىڭ خۇشاللىقىم سىلەردە بولسۇن ۋە شۇنىڭدەك خۇشاللىقىڭلار
تولۇپ تاشسۇن دەپ، مەن بۇلارنى سىلەرگە ئېيتتىم. 12 مېنىڭ ئەمرىم
شۇكى، مەن سىلەرنى سۆيگىنىمدەك، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنى
سۆيۈڭلار. 13 ئىنسانلارنىڭ ئۆز دوستلىرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا

**6:15** ئەز. 15:2-8؛ مات. 3:10؛ 7:19؛ كول. 1:23.

**7:15** يەر. 29:12؛ مات. 7:7؛ 21:22؛ مار. 11:24؛ لۇقا 11:9؛ يۇھ. 14:13؛ 16:24؛ ياق. 1:5؛ 1يۇھ. 3:22؛ 5:14.

8:15 **«سىلەر مەندە ئىزچىل تۇرساڭلار ۋە سۆزلىرىم سىلەردە ئىزچىل تۇرسا، نېمىنى تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە شۇ ئىجابەت بولىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ مېۋە بېرىشىڭلار، شۇنداقلا مېنىڭ مۇخلىسلىرىم ئىكەنلىكىڭلارنى ئىسپاتلىشىڭلار بىلەن شان-شەرەپ ئاتامغا كەلتۈرۈلىدۇ»** — 7-8-ئايەتكە قارىغاندا، مۇخلىسلار خۇداغا چىقارغان، ئۇنى خۇرسەن قىلىدىغان مېۋە ئۇنۇملۇك دۇئا-تىلاۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**10:15** يۇھ. 14:15، 21، 23؛ 1يۇھ. 5:3.

**12:15** لاۋ. 19:18؛ مات. 22:39؛ يۇھ. 13:34؛ ئەف. 5:2؛ 1تېس. 4:9؛ 1پېت. 4:8؛ 1يۇھ. 3:23؛ 4:21.

قىلىشتىن چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەتنى يوقتۇر. 14 سىلەرگە بۇيرۇغان
ئەمرلىرىمنى ئادا قىلساڭلار، مېنىڭ دوستلىرىم بولىسىلەر.
15 ئەمدى مۇندىن كېيىن مەن سىلەرنى «قۇل» دەپ ئاتىمايمەن. چۈنكى
قۇل خوجايىنىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا
سىلەرنى «دوست» دەپ ئاتىدىم، چۈنكى ئاتامدىن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ
ھەممىسىنى سىلەرگە يەتكۈزدۇم. 16 سىلەر مېنى تاللىغىنىڭلار يوق،
ئەكسىچە مەن سىلەرنى تاللىدىم ۋە سىلەرنى بېرىپ مېۋە بەرسۇن
ھەمدە مېۋىلىرىڭلار دائىم ساقلانسۇن، مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتىدىن
نېمە تىلىسەڭلار، ئۇ سىلەرگە بەرسۇن دەپ سىلەرنى تىكلىدىم.
17 سىلەرگە شۇنى ئەمر قىلىمەنكى، بىر-بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار.

## دۇنيادىكىلەرنىڭ ئەيساغا بولغان نەپرىتى

18 بۇ دۇنيادىكىلەر سىلەردىن نەپرەتلەنسە، سىلەردىن ئاۋۋال مەندىن
نەپرەتلەنگەنلىكىنى بىلىڭلار. 19 سىلەرمۇ بۇ دۇنيادىكىلەردىن

---

**13:15** رىم. 7:5؛ ئەف. 2:5؛ 1يۇھ. 16:3.

**14:15 «سىلەرگە بۇيرۇغان ئەمرلىرىمنى ئادا قىلساڭلار، مېنىڭ دوستلىرىم بولىسىلەر»** — 13-14-ئايەتتە خۇدانىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئايان قىلىنىدۇ. «مەسىھنىڭ دوستلىرى» ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر. لېكىن مەسىھ بارلىق كىشىلەر، جۈملىدىن ئۆز ئەمرلىرىنى ئادا قىلمىغۇچىلار، يەنى **دۈشمەنلىرى ئۈچۈن** جېنىنى پىدا قىلغاندۇر.

**14:15** مات. 50:12؛ 2كور. 16:5؛ گال. 6:5؛ 15:6؛ كول. 11:3.

**15:15 «ئەمدى مۇندىن كېيىن مەن سىلەرنى «قۇل» دەپ ئاتىمايمەن»** — «قۇل» ياكى «چاكار»

**15:15** يۇھ. 26:8.

**16:15 «سىلەر مېنى تاللىغىنىڭلار يوق، ئەكسىچە مەن سىلەرنى تاللىدىم ۋە سىلەرنى بېرىپ مېۋە بەرسۇن ھەمدە مېۋىلىرىڭلار دائىم ساقلانسۇن...»** — «...**بېرىپ** مېۋە بەرسۇن» دېگەن ئىبارە بەلكىم، مۇخلىسلار خۇداغا چىقارغان، ئۇنى خۇرسەن قىلىدىغان مېۋە بولسا، پۈتۈن دۇنياغا **بېرىپ** خۇش خەۋەر ئارقىلىق باشقىلارنى خۇدانىڭ يولىغا كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ كۆرسەتسە كېرەك.

**16:15** مات. 19:28؛ مار. 15:16؛ يۇھ. 18:13؛ ئەف. 4:1؛ كول. 6:1.

**17:15 «سىلەرگە شۇنى ئەمر قىلىمەنكى، بىر-بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار»** — گرېك تىلىدا «سىلەرگە شۇلارنى ئەمر قىلىمەنكى، بىر-بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار».

**18:15** 1يۇھ. 13:3.

بولغان بولساڭلار، بۇ دۇنيادىكىلەر سىلەرنى ئۆزىمىزنىڭكى دەپ،
سۆيگەن بولاتتى. بىراق سىلەر بۇ دۇنيادىن بولمىغاچقا، بەلكى
مەن سىلەرنى بۇ دۇنيادىن ئايرىپ تاللىغانلىقىم ئۈچۈن، ئەمدى
بۇ دۇنيادىكىلەر سىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ. [20]مەن سىلەرگە ئېيتقان
سۆزنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار: «قۇل خوجايىنىدىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ».
ئۇلار ماڭا زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، سىلەرگىمۇ زىيانكەشلىك
قىلىدۇ. مېنىڭ سۆزۈمنى تۇتقان بولسا، ئۇلار سىلەرنىڭكىنىمۇ
تۇتىدۇ.
[21]بىراق مېنىڭ نامىم تۈپەيلىدىن ئۇلار سىلەرگىمۇ شۇ ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار مېنى ئەۋەتكۈچىنى تونۇمايدۇ.
[22]ئەگەر مەن كېلىپ ئۇلارغا سۆز قىلمىغان بولسام، ئۇلاردا گۇناھ يوق
دەپ ھېسابلىناتتى. لېكىن ھازىر گۇناھى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھېچ
باھانىسى يوقتۇر. [23]كىمدەكىم مەندىن نەپرەتلەنسە ئاتامدىنمۇ
نەپرەتلەنگەن بولىدۇ. [24]مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باشقا ھېچكىم
قىلىپ باقمىغان ئەمەللەرنى قىلمىغان بولسام، ئۇلاردا گۇناھ يوق
دەپ ھېسابلىناتتى. لېكىن ئۇلار ھازىر ئەمەللىرىمنى كۆرگەن
تۇرۇقلۇق، يەنىلا ھەم مەندىن ھەم ئاتامدىن نەپرەتلەندى. [25]لېكىن بۇ
ئىشلار ئۇلارغا تەۋە بولغان تەۋرات قانۇنىدا: «ھېچقانداق سەۋەبسىزلا
مەندىن نەپرەتلەندى» دەپ پۈتۈلگەن سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى

---

19:15 **«سىلەرمۇ بۇ دۇنيادىكىلەردىن بولغان بولساڭلار، بۇ دۇنيادىكىلەر سىلەرنى ئۆزىمىزنىڭكى دەپ، سۆيگەن بولاتتى»** ــ گرېك تىلىدا «سىلەرمۇ بۇ دۇنيادىن بولغان بولسا، بۇ دۇنيا سىلەرنى ئۆزىنىڭكى دەپ سۆيگەن بولاتتى».

**19:15** يۇھ. 14:17؛ گال. 10:1.

**20:15** مات. 24:10؛ 9:24؛ لۇقا 40:6؛ يۇھ. 16:13؛ 2:16.

**21:15** مات. 22:10؛ يۇھ. 3:16.

**22:15** رىم. 15:4؛ 20:5.

**24:15** يۇھ. 37:10.

ئۇچۇن شۇنداق يوز بەردى.
[26] لېكىن مەن سىلەرگە ئاتىنىڭ يېنىدىن ئەۋەتىدىغان ياردەمچى، يەنى
ئاتىنىڭ يېنىدىن چىققۇچى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە، ئۇ ماڭا
گۇۋاھلىق بېرىدۇ. [27] سىلەرمۇ ماڭا گۇۋاھلىق بېرىسىلەر، چۈنكى
سىلەر باشتىن تارتىپ مەن بىلەن بىللە بولدۇڭلار.

## كېلىدىغان زىيانكەشلىكلەر

16 [1] سىلەرنىڭ پۇتلىشىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بۇلارنى
سىلەرگە ئېيتتىم. [2] ئۇلار سىلەرنى سىناگوگلارنىڭ
جامائەتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ؛ ھەممە شۇنداق بىر ۋاقىت-
سائەت كېلىدۇكى، سىلەرنى ئۆلتۈرگۈچى ئۆزىنى خۇداغا خىزمەت
قىلىۋاتىمەن، دەپ ھېسابلايدۇ. [3] ئۇلار بۇلارنى يا ئاتىنى، يا مېنى
تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ. [4] لېكىن مەن بۇ ئىشلارنى سىلەرگە

---

**25:15 «ئۇلارغا تەۋە بولغان تەۋرات قانۇنى»** — ھەججىي، كىنايىلىك سۆز. 17:8 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«ھېچقانداق سەۋەبسىزلا مەندىن نەپرەتلەندى»** — «زەب.» 35:7، 19 ۋە 69:4.
**25:15** زەب. 35:19؛ 69:4
**26:15 «...ياردەمچى، يەنى ئاتىنىڭ يېنىدىن چىققۇچى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە، ئۇ ماڭا گۇۋاھلىق بېرىدۇ»** — مۇشۇ ئايەتتىن مۇقەددەس روھنىڭ شەخس ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىھ ئۇنى «ئاتىنىڭ يېنىدىن» ئەۋەتىدۇ؛ مۇشۇ يەردە مۇقەددەس روھ يەنە «ئاتىنىڭ يېنىدىن **چىقىدۇ**» دېيىلىدۇ. گرېك تىلىدا «چىقىدۇ» دېگەن پېئىل «ھازىرقى زامان» شەكلىدە بولغاچقا، مۇقەددەس روھنىڭ ھەردائىم شۇ ھەرىكەتنى قىلىۋاتقىنى كۆرسىتىلىدۇ.
**26:15** لۇقا 24:49؛ يـۇھ. 14:26؛ 16:7؛ روس. 5:32.
**27:15** روس. 1:8، 21؛ 5:32.
**2:16 «ئۇلار سىلەرنى سىناگوگلارنىڭ جامائەتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ»** — يۇقىرىقى باشقا ئىزاھاتلاردا ئېيتقىنىمىزدەك، يەھۇدىي خەلقى بىرسىنى «سىناگوگتىن چىقىرىۋەتسە»، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق باردى-كەلدى قىلماي، بەلكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ زىيانكەشلىك قىلىشىمۇ مۇمكىن.
**2:16** يـۇھ. 9:22، 34؛ 12:42.
**3:16** يـۇھ. 15:21؛ 1كور. 2:8.

ئېيتتىمكى، ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە، مەن شۇنداق ئالدىنئالا
ئېيتقىنىمنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرەلەيسىلەر.

## مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچى ۋە ئۇستاز بولىدىغانلىقى

[5] — مەن باشتا بۇلارنى سىلەرگە ئېيتمىدىم، چۈنكى مەن سىلەر بىلەن
بىللە ئىدىم.
لېكىن ئەمدى مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىمەن. شۇنداق
تۇرۇقلۇق، ئاراڭلاردىن ھېچكىم مەندىن: «نەگە كېتىسەن؟» دەپ
سورىمايۋاتىدۇ. [6] ئەكسىچە، سىلەرگە بۇلارنى ئېيتقىنىم ئۈچۈن،
قەلبىڭلار قايغۇغا چۆمۈپ كەتتى. [7] ئەمما مەن سىلەرگە ھەقىقەتنى
ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ كېتىشىم سىلەرگە پايدىلىقتۇر. چۈنكى
ئەگەر كەتمىسەم، ياردەمچى سىلەرگە كەلمەيدۇ. ئەمما كەتسەم،
ئۇنى سىلەرگە ئەۋەتىمەن. [8] ئۇ كەلگەندە، بۇ دۇنيادىكىلەرگە
گۇناھ توغرىسىدا، ھەققانىيلىق توغرىسىدا ۋە ئاخىرەت سورىقى
توغرىسىدا ھەقىقەتنى بىلگۈزىدۇ. [9] ئۇ ئۇلارنى گۇناھ توغرىسىدا
بىلگۈزىدۇ، چۈنكى ئۇلار ماڭا ئېتىقاد قىلمىدى. [10] ئۇلارنى
ھەققانىيلىق توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ، چۈنكى ئاتامنىڭ يېنىغا
قايتىپ بارىمەن ۋە سىلەر مېنى يەنە كۆرەلمەيسىلەر. [11] ئۇلارنى
ئاخىرەت سورىقى توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ، چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ

---

**4:16 «... ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە»** — دېمەك، يەھۇدىي خەلقىدىن ۋە كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن بولغان زىيانكەشلىكلەر كەلگەندە.

**4:16** يۇھ. 19:13؛ 29:14.

**7:16** لۇقا 49:24؛ يۇھ. 26:14؛ 26:15.

**9:16 «ئۇ ئۇلارنى گۇناھ توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ»** — ياكى «ئۇ ئۇلارنى ئۆز گۇناھى توغرۇلۇق بىلگۈزىدۇ» ياكى «ئۇ ئۇلارنى گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگۈزىدۇ». دېگەندەك ئۈچ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئومۇمىي مەنىسى ئاساسەن ئوخشاش.

ھۆكۈمدارى ئۇستىگە ھۆكۈم چىقىرىلدى.
12 سىلەرگە ئېيتىدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى؛ لېكىن سىلەر
ئۇلارنى ھازىرچە كۆتۈرەلمەيسىلەر. 13 لېكىن ئۇ، يەنى ھەقىقەتنىڭ
روھى كەلگەندە، ئۇ سىلەرنى بارلىق ھەقىقەتكە باشلاپ بارىدۇ.
چۈنكى ئۇ ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمەيدۇ، بەلكى نېمىنى ئاڭلىغان بولسا،
شۇنى سۆزلەيدۇ ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن سىلەرگە
خەۋەر بېرىدۇ. 14 ئۇ مېنى ئۇلۇغلايدۇ؛ چۈنكى ئۇ مەندە بار بولغاننى
تاپشۇرۇۋېلىپ، سىلەرگە جاكارلايدۇ. 15 ئاتىدا بار بولغاننىڭ
ھەممىسى ھەم مېنىڭكىدۇر؛ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مەن: «ئۇ مەندە بار
بولغاننى تاپشۇرۇۋېلىپ، سىلەرگە جاكارلايدۇ» دەپ ئېيتتىم.

---

11:16 **«بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى»** — شەيتان، ئىبلىس. **«...ئۇلارنى ئاخىرەت سورىقى توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ، چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى ئۇستىگە ھۆكۈم چىقىرىلدى»** — 9-11-ئايەتتىكى «ئۇ (مۇقەددەس روھ)...گۇناھ توغرىسىدا... ھەققانىيلىق توغرىسىدا... ۋە ئاخىرەت سورىقى توغرىسىدا...بىلگۈزىدۇ...» دېگەنلەرنىڭ ئۇستىدە «قوشۇمچە سۆز»دە ئازراق توختىلىمىز.

**11:16** يۇھ. 31:12؛ 30:14؛ ئەف. 2:2؛ كول. 15:2.

12:16 **«سىلەرگە ئېيتىدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى؛ لېكىن سىلەر ئۇلارنى ھازىرچە كۆتۈرەلمەيسىلەر»** — مۇخلىسلار قانداق سۆزلەرنى كۆتۈرەلمەيدۇ؟ بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**12:16** 1كور. 7-10:2؛ ئەف. 2-6:3؛ 1تىم. 16:3

13:16 **«چۈنكى ئۇ ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمەيدۇ، بەلكى نېمىنى ئاڭلىغان بولسا، شۇنى سۆزلەيدۇ»** — «ئۇ (مۇقەددەس روھ)... نېمىنى ئاڭلىغان بولسا» — دېمەك، مۇقەددەس روھنىڭ خۇدا ۋە ئۇنىڭ كالامىدىن ئاڭلىغىنى. **«مۇقەددەس روھ... نېمىنى ئاڭلىغان بولسا، شۇنى سۆزلەيدۇ ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ»** — بۇ مۇھىم ۋەدە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**13:16** يۇھ. 49:12؛ 26:14

15:16 **«مۇقەددەس روھ مەندە بار بولغاننى تاپشۇرۇۋېلىپ، سىلەرگە جاكارلايدۇ»** — بۇ مۇھىم ۋەدە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**15:16** يۇھ. 10:17.

## غەم-قايغۇلىرىڭلار مەڭگۈ خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ

[16] ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، مېنى كۆرمەيسىلەر؛ ۋە يەنە بىرئاز ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى قايتا كۆرىسىلەر، چۈنكى مەن ئاتامنىڭ
يېنىغا كېتىمەن».
[17] شۇڭا مۇخلىسلارنىڭ بەزىلىرى بىر-بىرىگە:
بىزلەرگە: ــ «ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، مېنى كۆرمەيسىلەر؛ يەنە بىرئاز
ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى قايتا كۆرىسىلەر» ۋە يەنە «چۈنكى
مەن ئاتامنىڭ يېنىغا كېتىمەن» دېگىنى نېمە دېگىنىدۇ؟ [18] «ئاز
ۋاقىتتىن كېيىن» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ نېمىلەرنى
دەۋاتقانلىرىنى بىلمىدۇق، ــ دېيىشىدۇ.
[19] ئەيسا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن نېمىنى سورىماقچى بولغىنىنى بىلىپ
ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
«مېنىڭ «ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، مېنى كۆرمەيسىلەر؛ يەنە بىرئاز
ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى كۆرىسىلەر» دېگىنىمنىڭ
مەنىسىنى بىر-بىرىڭلاردىن سوراۋاتامسىلەر؟ [20] بەرھەق، بەرھەق،
مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سىلەر يىغا-زار كۆتۈرۈسىلەر،
لېكىن بۇ دۇنيادىكىلەر خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ؛ سىلەر
قايغۇرىسىلەر، لېكىن قايغۇلىرىڭلار شادلىققا ئايلىنىدۇ. [21] ئايال
كىشى تۇغۇتتا ئازابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقىت-سائىتى يېتىپ
كەلگەن؛ لېكىن بوۋىقى تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر پەرزەنتنىڭ
دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ شادلىقى بىلەن تارتقان ئازابىنى ئۇنتۇپ

---

16:16 **«يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى قايتا كۆرىسلەر، چۈنكى مەن ئاتامنىڭ يېنىغا كېتىمەن»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ يەردە «چۈنكى مەن ئاتامنىڭ يېنىغا كېتىمەن» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ. لېكىن بىزنىڭچە 17-ئايەت ئۇنىڭ ئەسلىدە بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

16:16 يۇھ. 33:7.

19:16 **«مېنىڭ «ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، مېنى كۆرمەيسلەر؛ يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى كۆرىسلەر»** ــ مەسىھنىڭ مۇشۇ دېگىنىدە كۆزدە تۇتقىنى، بىزنىڭچە، ئۇنىڭ ئۆلۈمى، دەپنە قىلىنىشى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىپ مۇخلىسلىرىغا ئۆزىنى ئايان قىلىشىدىن ئىبارەت.

كېتىدۇ. 22 شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەرمۇ ھازىر ئازابلىنىۋاتىسىلەر،
لېكىن مەن سىلەر بىلەن قايتا كۆرۈشىمەن، قەلبىڭلار شادلىنىدۇ ۋە
شادلىقىڭلارنى ھېچكىم سىلەردىن تارتىۋالالمايدۇ. 23 شۇ كۈندە سىلەر
مەندىن ھېچنەرسە سورىمايسىلەر. بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە
شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتىدىن نېمىنى
تىلىسەڭلار، ئۇ شۇنى سىلەرگە بېرىدۇ. 24 ھازىرغىچە مېنىڭ نامىم
بىلەن ھېچنېمە تىلىمىدىڭلار. ئەمدى تىلەڭلار، ئېرىشىسىلەر،
بۇنىڭ بىلەن شادلىقىڭلار تولۇپ تاشىدۇ!

## بۇ دۇنيا ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش

25 سىلەرگە بۇلارنى تەمسىللەر بىلەن ئېيتىپ بەردىم. بىراق شۇنداق
بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا سىلەرگە يەنە تەمسىللەر بىلەن
سۆزلىمەيمەن، ئاتا توغرۇلۇق سىلەرگە ئوچۇق ئېيتىمەن. 26 شۇ كۈنى
تىلەكلىرىڭلارنى مېنىڭ نامىم بىلەن ئىلتىجا قىلىسىلەر. مەن
سىلەر ئۈچۈن ئاتىدىن تەلەپ قىلىمەن، دەپ ئېيتمايمەن؛ 27 چۈنكى
ئاتا ئۆزىمۇ سىلەرنى سۆيىدۇ؛ چۈنكى سىلەر مېنى سۆيىسىلەر ۋە
مېنىڭ خۇدانىڭ يېنىدىن كەلگەنلىكىمگە ئىشەندىڭلار.
28 مەن ئاتىنىڭ يېنىدىن چىقىپ بۇ دۇنياغا كەلدىم؛ ئەمدى مەن يەنە
بۇ دۇنيادىن كېتىپ ئاتىنىڭ يېنىغا بارىمەن».

---

**21:16** يەش. 17:26.

**23:16** يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يۇھ. 13:14؛ 7:15؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5.

25:16 **«سىلەرگە بۇلارنى تەمسىللەر بىلەن ئېيتىپ بەردىم. بىراق شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا سىلەرگە يەنە تەمسىللەر بىلەن سۆزلىمەيمەن، ئاتا توغرۇلۇق سىلەرگە ئوچۇق ئېيتىمەن»** — تەمسىللەردىن بولغان بىرنەچچە مىساللار 10-باپتىن («قويلارنىڭ ئىشىكى» ۋە «ياخشى پادىچى» توغرۇلۇق) 13-باپتىن (ئۇلارغا «پۇت يۇيۇش» توغرۇلۇق تەمسىل ۋە ئۈلگە) 15-باپتىن («ھەقىقىي ئۈزۈم تېلى» توغرۇلۇق) ۋە 21-ئايەتتىن («تۇغۇتتا بولغان ئايال» توغرۇلۇق) تېپىلىدۇ.

**27:16** يۇھ. 8:17.

**28:16** يۇھ. 3:13.

[29] مۇخلىسلىرى:
مانا سەن ھازىر ئوچۇق ئېيتىۋاتىسەن، تەمسىل كەلتۈرۈپ
سۆزلىمىدىڭ! [30] بىز سېنىڭ ھەممىنى بىلگىنىڭنى، شۇنداقلا
ھېچكىمنىڭ سەندىن سوئال سورىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى
ئەمدى بىلىپ يەتتۇق. شۇنىڭدىن سېنىڭ خۇدانىڭ يېنىدىن
كەلگەنلىكىڭگە ئىشەندۇق، ــ دېيىشتى.
[31] ئەيسا جاۋابەن ئۇلارغا:
ھازىر ئىشەندىڭلارمۇ؟ [32] مانا، شۇنداق ۋاقىت-سائىتى كېلەي دەپ
قالدى، شۇنداقلا كېلىپ قالدىكى، ھەممىڭلار مېنى يالغۇز تاشلاپ
ھەربىرىڭلار ئۆز يوللىرىڭلارغا تارقىلىپ كېتىسىلەر. بىراق مەن
يالغۇز ئەمەسمەن، چۈنكى ئاتا مەن بىلەن بىللىدۇر. [33] سىلەرنىڭ
مەندە خاتىرجەملىككە ئىگە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن بۇلارنى سىلەرگە
ئېيتتىم. بۇ دۇنيادا تۇرۇپ ئازاب-ئوقۇبەت تارتىسىلەر، ئەمما
غەيرەتلىك بولۇڭلار! مەن بۇ دۇنيا ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىم!

---

**16:29 «مانا سەن ھازىر ئوچۇق ئېيتىۋاتىسەن، تەمسىل كەلتۈرۈپ سۆزلىمىدىڭ!»** ــ مۇخلىسلارنىڭ ھەقىقىي چۈشەنگەن-چۈشەنمىگىنى 31-ئايەتتىن كۆرۈندۇ.

**16:30 «ھېچكىمنىڭ سەندىن سوئال سورىشىنىڭ ھاجىتى يوق»** ــ مەنىسى بەلكىم مەسىھنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سورىماقچى بولغان سوئاللىرىنى تېخى سورىماي تۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ سورىماقچى بولغىنىنى ئالدىقاچان بىلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**16:30** يۇھ. 17:21.

**16:32 «ھەممىڭلار مېنى يالغۇز تاشلاپ ھەربىرىڭلار ئۆز يوللىرىڭلارغا تارقىلىپ كېتىسىلەر»** ــ «ئۆز يوللىرىڭلارغا» ياكى «ئۆزۈڭلارنىڭكىگە» (دېمەك، ئۆز ئۆيۈڭلارغا). «ماتتا» 26:56، «مار.» 14:50نى كۆرۈڭ.

**16:32** زەك. 13:7؛ مات. 26:31؛ مار. 14:27؛ يۇھ. 8:29؛ 14:10.

**16:33** يەش. 9:5؛ يۇھ. 14:27؛ رىم. 5:1؛ ئەف. 2:13؛ كول. 1:20.

## ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى

17 [1] ئەيسا بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى ئەرشكە
تىكىپ، مۇنداق دۇئا قىلدى:
ئى ئاتا، ۋاقىت-سائەت يېتىپ كەلدى؛ سەن ئوغلۇڭنى
ئۇلۇغلاتقۇزغايسەن؛ بۇنىڭ بىلەن ئوغلۇڭمۇ سېنى ئۇلۇغلاتقۇزىدۇ؛
[2] يەنى، ئۇنىڭ سەن ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك ھايات
ئاتا قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پۈتكۈل ئەت ئىگىلىرىدىن ئۈستۈن
ھوقۇق ئاتا قىلغىنىڭدەك، ئۇنى ئۇلۇغلاتقۇزغايسەن. [3] مەڭگۈلۈك
ھايات شۇكى، بىردىنبىر ھەقىقىي خۇدا ــ سېنى ۋە سەن ئەۋەتكەن
ئەيسا مەسىھنى تونۇشتىن ئىبارەتتۇر. [4] مەن سېنىڭ ئەمەل قىلىشىم
ئۈچۈن تاپشۇرغان ئىشىڭنى ئورۇندىشىم بىلەن سېنى يەر يۈزىدە ئۇ
لۇغلاتقۇزدۇم. [5] ئى ئاتا، سېنىڭ ئالەم ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇن مەن
ئۆزۈڭنىڭ يېنىڭدا ئىگە بولغان شان-شەرەپ بىلەن مېنى ئۆزۈڭنىڭ
يېنىڭدا ئۇلۇغلاتقۇزغايسەن.
[6] سەن بۇ دۇنيادىن ماڭا تاللاپ بەرگەن ئادەملەرگە سېنىڭ نامىڭنى
ئايان قىلدىم. ئۇلار سېنىڭكى ئىدى، سەن ئۇلارنى ماڭا بەردىڭ
ۋە ئۇلار سېنىڭ سۆز-كالامىڭنى تۇتۇپ كەلدى. [7] ئۇلار ھازىر سەن

---

**1:17** يۇھ. 23:12؛ 32:13.

2:17 «**سەن ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىنسانلار...**» ــ گرېك تىلىدا «ئۇنىڭغا بەرگەن بارلىق ئىنسانلار...» ــ دېمەك، مەسىھكە ئىتىقاد قىلغۇچىلار.

**2:17** زەب. 8:6؛ مات. 27:11؛ 18:28؛ لۇقا 22:10؛ يۇھ. 35:3؛ 27:5؛ 1كور. 25:15؛ فىل. 10:2؛ ئىبر. 8:2.

**3:17** يەش. 11:53؛ يەر. 22:9

**4:17** يۇھ. 34:4؛ 32:13؛ 13:14؛ 30:19.

5:17 «**ئى ئاتا، سېنىڭ ئالەم ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇن مەن ئۆزۈڭنىڭ يېنىڭدا ئىگە بولغان شان-شەرەپ بىلەن مېنى ئۆزۈڭنىڭ يېنىڭدا ئۇلۇغلاتقۇزغايسەن**» ــ ياكى بولمىسا «ئى ئاتا، مەن سەن بىلەن بىرگە ئىگە بولغان شان-شەرەپ بىلەن مېنى ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ ئۇلۇغلاندۇرغايسەن».

**5:17** يۇھ. 1:1، 2؛ 30:10؛ 9:14.

6:17 «**سەن بۇ دۇنيادىن ماڭا تاللاپ بەرگەن ئادەملەرگە سېنىڭ نامىڭنى ئايان قىلدىم**» ــ مەسىھنىڭ «سېنىڭ نامىڭنى ئايان قىلدىم» ئېيتقىنى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ تەۋرات-

ماڭا بەرگەن ھەممە نەرسىلەرنىڭ سېنىڭدىن كەلگەنلىكىنى
بىلدى. [8]چۈنكى سەن ماڭا تاپشۇرغان سۆزلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزدۇم؛
ئۇلارمۇ بۇلارنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سەندىن چىققىنىمنى
ھەقىقەتەن بىلىپ يەتتى ھەمدە سېنىڭ مېنى ئەۋەتكەنلىكىڭگىمۇ
ئىشەندى. [9]بۇلارغا دۇئا قىلىمەن؛ بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرگە ئەمەس،
بەلكى سەن ماڭا بەرگەن ئادەملەرگە دۇئا قىلىمەن؛ چۈنكى ئۇلار
سېنىڭكىدۇر. [10]مېنىڭ بارلىقىم سېنىڭكىدۇر ۋە سېنىڭ بارلىقىڭ
بولسا مېنىڭكىدۇر ۋە مەن ئۇلاردا شەرەپ تاپتىم.
[11]مەن ئەمدى بۇ دۇنيادا تۇرىۋەرمەيمەن؛ لېكىن ئۇلار بۇ دۇنيادا قالدى
ۋە مەن سېنىڭ يېنىڭغا كېتىۋاتىمەن. ئى مۇقەددەس ئاتا، سەن
ماڭا بەرگەن نامىڭ ئارقىلىق ئۇلارنى ساقلىغىنكى، بىز ئىككىمىز
بىر بولغىنىمىزدەك، ئۇلارمۇ بىر بولغاي. [12]مەن ئۇلار بىلەن بىللە
بولغان ۋاقتىمدا، سەن ماڭا بەرگەن نامىڭ بىلەن ئۇلارنى ساقلىدىم
ھەم قوغدىدىم؛ ۋە مۇقەددەس يازمىلاردىكى بېشارەتنىڭ ئەمەلگە
ئاشۇرۇلۇشى يولىدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھالاكەتكە خاس بولغان

---

زەبۇردا خۇدانىڭ نۇرغۇن ناملىرى (پەرۋەردىگار (ياھۋەھ)، خۇدا (ئەلوھىم)، رەب (ئادوناي) قاتارلىقلار) ئايان قىلىنغاندىن كېيىن مەسىھ قايسى نامنى ئۇلارغا ئايان قىلغان؟ ئۇ «ئاتا» ئەمەسمۇ؟

**8:17** يۇھ. 27:16.

**10:17 «مەن ئۇلاردا شەرەپ تاپتىم»** — «ئۇلاردا...» مۇشۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى بەلكىم «سەن ماڭا بەرگەن ئادەملەردە..» بولسا كېرەك.

**10:17** يۇھ. 15:16.

**11:17 « سەن ماڭا بەرگەن نامىڭ ئارقىلىق ئۇلارنى ساقلىغىنكى...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سەن نامىڭ بىلەن ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەنلەرنىڭ ساڭا بولغان سادىقلىقىنى ساقلىغىنكى،... ». مۇشۇ يەردە «سەن ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەن نامىڭ» بولسا يەنىلا خۇدائاتىنىڭ ئۆز مەسىھگە ئىنسانلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن تاپشۇرغان «ئاتا» (ئىبراني تىلدا «ئاببا») دېگەن قىممەتلىك نامدۇر.

كىشىدىن باشقا بىرىمۇ يوقالمىدى. [13] مانا ئەمدى سېنىڭ يېنىڭغا
بارىمەن. مېنىڭ شادلىقىم ئۇلاردا تولۇپ تاشسۇن دەپ، بۇ سۆزلەرنى
دۇنيادىكى ۋاقتىمدا سۆزلىدىم. [14] مەن ئۇلارغا سۆز-كالامىڭنى
تاپشۇردۇم. مەن بۇ دۇنيادىن بولمىغىنىمدەك، ئۇلارمۇ بۇ دۇنيادىن
بولمىغىنى ئۈچۈن، بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ.
[15] ئۇلارنى بۇ دۇنيادىن ئايرىۋەتكەيسەن دەپ تىلىمەيمەن، بەلكى ئۇلارنى
رەزىل بولغۇچىدىن ساقلىغايسەن، دەپ تىلەيمەن. [16] مەن بۇ دۇنيادىن
بولمىغىنىمدەك، ئۇلارمۇ بۇ دۇنيادىن ئەمەستۇر. [17] ئۇلارنى ھەقىقەت
ئارقىلىق ئۆزۈڭگە مۇقەددەس قىلىپ ئاتىغۇزغايسەن، چۈنكى سۆز-
كالامىڭ ھەقىقەتتۇر. [18] سەن مېنى دۇنياغا ئەۋەتكىنىڭدەك، مەنمۇ
ئۇلارنى دۇنياغا ئەۋەتتىم. [19] ئۇلارمۇ ھەقىقەتتە مۇقەددەس قىلىنىپ

---

12:17 **«مەن ئۇلار بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىمدا، سەن ماڭا بەرگەن نامىڭ بىلەن ئۇلارنى ساقلىدىم ھەم قوغدىدىم؛...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۇلارنى ساقلىدىم؛ سەن ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەنلەرنىڭ ساڭا بولغان سادىقلىقىنى قوغدىدىم؛... ». بۇ «نام» يەنىلا يۇقىرىقى ئىزاھاتتا ئېيتقىنىمىزدەك «ئاتا» بولسا كېرەكتۇر. **«ھالاكەتكە خاس بولغان كىشى»** ــ گرېك تىلىدا «ھالاكەتنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ يەھۇدا ئىشقارىيوتنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىھكە ساتقۇنلۇق قىلغان كىشىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشى توغرۇلۇق بېشارەتلەر بەلكىم «زەب.» 9:41، 109:1-20 ۋە «پەند.» 22:24 (LXX)نى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك.

**12:17** يەش. 18:8؛ يۇھ. 39:6؛ 28:10؛ 9:18؛ ئىبر. 13:2.

14:17 **«مەن بۇ دۇنيادىن بولمىغىنىمدەك...»** ــ ياكى «مەن بۇ دۇنياغا مەنسۇپ بولمىغىنىمدەك...».

**14:17** يۇھ. 19:15.

15:17 **«رەزىل بولغۇچى»** ــ شەيتان، ئىبلىس.

17:17 **«ئۇلارنى ھەقىقەت ئارقىلىق ئۆزۈڭگە مۇقەددەس قىلىپ ئاتىغۇزغايسەن»** ــ «ئۆزۈڭگە مۇقەددەس قىلىپ ئاتىغۇزغايسەن» گرېك تىلىدا «مۇقەددەسلەشتۈرگەيسەن» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىنجىلدا ھەم تەۋراتتا «مۇقەددەس» دېگەن سۆز «پاك» ھەم «خۇداغا ئالايىتەن ئاتالغان» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

**17:17** زەب. 142:119؛ يۇھ. 4:8.

**18:17** يۇھ. 21:20.

ئۆزۈڭگە ئاتالسۇن دەپ، ئۆزۈمنى ساڭا خاس ئاتايمەن.
[20] مەن يالغۇز ئۇلار ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە ئۇلارنىڭ سۆزى ئارقىلىق ماڭا
ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىمەن. [21] ئۇلارنىڭ ھەممىسى
بىر بولغاي؛ ئى ئاتا، سەن مەندە، مەن سەندە بولغاندەك، ئۇلارمۇ
بىزدە بىر بولغاي؛ شۇنداق بولغاندا، بۇ دۇنيادىكىلەر مېنى سېنىڭ
ئەۋەتكەنلىكىڭگە ئىشىنىدۇ. [22] سەن ماڭا ئاتا قىلغان شان-شەرەپنى
ئۇلارغا ئاتا قىلدىمكى، بىز ئىككىمىز بىر بولغاندەك، ئۇلارمۇ بىر
بولغاي؛ [23] يەنى مەن ئۇلاردا، سەن مەندە بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە كامىل
قىلىنغاي. شۇ ئارقىلىق بۇ دۇنيادىكىلەر مېنى ئەۋەتكەنلىكىڭنى
ھەم مېنى سۆيگىنىڭدەك ئۇلارنىمۇ سۆيگەنلىكىڭنى بىلىدۇ.
[24] ئى ئاتا، سەن ماڭا بەرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ مەن بولغان يەردە
مەن بىلەن بىرگە بولۇشىنى، شۇنداقلا مېنىڭ شان-شەرىپىمنى، يەنى
سەن ئالەم ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇن مېنى سۆيگەنلىكىڭ ئۈچۈن،
ماڭا بەرگەن شان-شەرەپنى ئۇلارنىڭ كۆرۈشىنى خالايمەن.
[25] ئى ھەققانىي ئاتا، بۇ دۇنيادىكىلەر سېنى تونۇمىغان، ئەمما مەن
سېنى تونۇيمەن ۋە بۇلارمۇ مېنى سېنىڭ ئەۋەتكەنلىكىڭنى بىلدى.
[26] ۋە مەن سېنىڭ نامىڭنى ئۇلارغا ئايان قىلدىم ۋە يەنە داۋاملىق
ئايان قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن، سېنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن مېھىر-
مۇھەببىتىڭ ئۇلاردا بولىدۇ ۋە مەنمۇ ئۇلاردا بولاي.

---

**19:17 «ئۇلارمۇ ھەقىقەتتە مۇقەددەس قىلىنىپ ئۆزۈڭگە ئاتالسۇن دەپ...»** — «مۇقەددەس قىلىنىپ ئۆزۈڭگە ئاتالسۇن» گرېك تىلىدا «ئۇلارمۇ ھەقىقەتتە مۇقەددەسلەشتۈرۈلسۇن» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**19:17** 1كور. 2:1، 30؛ 1تېس. 7:4.

**21:17** يۇھ. 38:10؛ 11:14؛ گال. 28:3.

**24:17** يۇھ. 26:12؛ 3:14؛ مار. 14:3

**25:17** يۇھ. 21:15، 3:16؛ 27؛ 8:17.

**26:17 «مەن سېنىڭ نامىڭنى ئۇلارغا ئايان قىلدىم»** — 6-ئايەت ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

## ئەيسانىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى

مات. 47:26-56؛ مار. 43:14-50؛ لۇقا 47:22-53

18 [1] ئەيسا بۇلارنى ئېيتقاندىن كېيىن، مۇخلىسلىرى بىلەن
بىللە تاشقىرىغا چىقىپ كىدرون جىلغىسىنىڭ ئۇ قېتىغا
ئۆتتى. ئۇ يەردە بىر باغچە بار ئىدى. ئەيسا بىلەن مۇخلىسلىرى
ئۇ باغچىگە كىردى. [2] ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلىدىغان يەھۇدامۇ ئۇ
يەرنى بىلەتتى، چۈنكى ئەيسا مۇخلىسلىرى بىلەن پات-پات ئۇ يەردە
يىغىلىپ ئولتۇراتتى. [3] شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا بىر توپ رىم لەشكەرلىرى
بىلەن باش كاھىنلار ھەم پەرىسىيلەر ئەۋەتكەن قاراۋۇللارنى باشلاپ
بۇ يەرگە كەلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا پانۇس، مەشئەل ۋە قوراللار بار
ئىدى. [4] ئەيسا بېشىغا چۈشىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ:
كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.
[5] ناسارەتلىك ئەيسانى، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.
ئەيسا ئۇلارغا:
مانا مەن بولىمەن، ــ دېدى.
(ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدامۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى).
[6] ئەيسا: «مانا مەن بولىمەن» دېۋىدى، ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ يەرگە يى
قىلىشتى. [7] شۇنىڭ بىلەن ئەيسا ئۇلاردىن يەنە بىر قېتىم:

1:18 **«ئەيسا بۇلارنى ئېيتقاندىن كېيىن، مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە تاشقىرىغا چىقىپ...»** ــ مۇشۇ يەردىكى «تاشقىرىغا چىقىپ...» زىياپەت بولغان ئۆيدىن ياكى يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ ئۆزىدىن چىقىشنى بىلدۈرىدۇ. كىدرون ۋادىسى بولسا شەھەرنىڭ سىرتىدا (شەرق تەرەپتە) ئىدى.

**1:18** 2سام. 23:15؛ مات. 36:26؛ مار. 32:14؛ لۇقا 39:22.

**3:18** مات. 47:26؛ مار. 43:14؛ لۇقا 47:22.

6:18 **«ئەيسا: «مانا مەن بولىمەن» دېۋىدى، ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ يەرگە يىقىلىشتى»** ــ «يۇھاننا»دىكى باشقا بەزى يەرلەردىكى «مەن بولىمەن» دېگەن سۆز خۇدانىڭ «مەن ئەزەلدىن بار بولغۇچىدۇرمەن» دېگەن نامىنى بىلدۈرىدۇ. بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە «مانا مەن بولىمەن» دېگىنىمۇ شۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ چۈنكى ئاڭلىغۇچىلار ئۇنى ئاڭلاپلا «ئارقىلىرىغا يېنىپ يەرگە

كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.
ناسارەتلىك ئەيسانى، ــ دېيىشتى ئۇلار.
[8] ئەيسا: ــ سىلەرگە ئېيتتىمغۇ، مەن شۇ بولىمەن. ئەگەر ئىزدىگىنىڭلار
مەن بولسام، بۇلارنى كەتكىلى قويۇڭلار، ــ دېدى.
[9] بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ: «ئاتا، سەن ماڭا بەرگەنلەردىن
ھېچقايسىسىنى يىتتۈرمىدىم» دېگەن سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.
[10] سىمون پېترۇسنىڭ يېنىدا بىر قىلىچ بولغاچ، ئۇ شۇئان ئۇنى
سۇغۇرۇپ، باش كاھىنىنىڭ چاكىرىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئوڭ قۇلىقىنى
شىلىپ چۈشۈرۈۋەتتى. چاكارنىڭ ئىسمى مالكۇس ئىدى. [11] ئەيسا
پېترۇسقا:
قىلىچنى غىلاپقا سال! ئاتا ماڭا تاپشۇرغان قەدەھنى ئىچمەمدىم؟
ــ دېدى.

## ئەيسانىڭ ئانناسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ، سوراق قىلىنىشى

مات. 26:57-58؛ مار. 14:53-54؛ لۇقا 22:54

[12] شۇنىڭ بىلەن، لەشكەرلەر توپى بىلەن مىڭبېشى ھەم يەھۇدىيلارنىڭ
قاراۋۇللىرى ئەيسانى تۇتۇپ باغلاشتى. [13] ئاندىن ئۇنى ئالدى بىلەن
ئانناسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئانناس بولسا شۇ يىلى باش
كاھىن بولۇپ تۇرغان قاياپانىڭ قېيىنئاتىسى ئىدى. [14] بۇرۇن يەھۇدىي
كېڭەشمىسىدىكىلەرگە: «پۈتۈن خەلقنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ

---

يېقىلىشتى».
**9:18 «بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ... سۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى»** ــ ياكى «بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ... سۆزى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى». بۇ سۆزلەر ئاساسەن ھەم 39:6 ھەم 12:17دە تېپىلىدۇ.
**9:18** يۇھ. 39:6؛ 28:10؛ 12:17.
**10:18** مات. 51:26؛ مار. 47:14؛ لۇقا 50:22.
**11:18 «ئاتا ماڭا تاپشۇرغان قەدەھنى ئىچمەمدىم؟»** ــ بۇ «قەدەھ» ئۆزى تارتىش كېرەك بولغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. «مات.» 39:26، «مار.» 36:14 ۋە لۇقا» 42:22نى كۆرۈڭ.
**11:18** مات. 22:20؛ 39:26.
**13:18** مات. 57:26؛ مار. 53:14؛ لۇقا 2:3؛ 54:22.

ئورنىغا، بىرلا ئادەمنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھالاك بولۇشى ياخشى» دەپ
مەسلىھەت بەرگەن كىشى دەل شۇ قاياپا ئىدى.

## پېترۇسنىڭ ئەيسادىن تېنىشى

مات. 26:69-70؛ مار. 14:66-68؛ لۇقا 22:55-57

15 ئەمدى سىمون پېترۇس بىلەن يەنە بىر مۇخلىس ئەيسانىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپ بارغانىدى. ئۇ مۇخلىس باش كاھىنغا تونۇش
بولغاچقا، باش كاھىننىڭ سارىيىغا ئەيسا بىلەن تەڭ كىردى.
16 لېكىن پېترۇس بولسا دەرۋازىنىڭ سىرتىدا قالدى. شۇڭا باش
كاھىنغا تونۇش بولغان ھېلىقى مۇخلىس تاشقىرىغا چىقىپ،
دەرۋازىۋەن قىز بىلەن سۆزلىشىپ، پېترۇسنى ئىچكىرىگە باشلاپ
كىردى. 17 دەرۋازىۋەن بولغان شۇ دېدەك پېترۇستىن:
سەنمۇ بۇ ئادەمنىڭ مۇخلىسلىرىدىن ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
ياق، ئەمەس، ــ دېدى پېترۇس.
18 ئەمدى ھاۋا سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، چاكارلار ۋە قاراۋۇللار
شاخاردىن گۈلخان ياققان بولۇپ، ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئىسسىنىپ
تۇرۇشاتتى. پېترۇسمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئىسسىندى.

---

**14:18 ««پۈتۈن خەلقنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ ئورنىغا، بىرلا ئادەمنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھالاك بولۇشى ياخشى» دەپ مەسلىھەت بەرگەن كىشى دەل شۇ قاياپا ئىدى»** ــ 11:49-50نى كۆرۈڭ.

**14:18** يۇھ. 11:50.

**15:18 «يەنە بىر مۇخلىس...»** ــ «يەنە بىر مۇخلىس» گرېك تىلىدا «ھېلىقى مۇخلىس». يۇھاننا باياندا پات-پات ئۆزىنى نامسىز كۆرسىتىپ «ھېلىقى مۇخلىس» دەيدۇ (16:18، 2:20، 3، 4 ۋە 8نى كۆرۈڭ). **«ئۇ مۇخلىس باش كاھىنغا تونۇش بولغاچقا...»** ــ ئالىملار نامسىز «ئۇ مۇخلىس»نى يۇھاننا دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئۇشبۇ باياندا بولغانىدەك ئۇ دائىم دېگۈدەك پەقەت «ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم»نىلا ئاساس قىلىدۇ. 21:24نى كۆرۈڭ.

**15:18** مات. 26:58؛ مار. 14:54؛ لۇقا 22:54.

**17:18 «سەنمۇ بۇ ئادەمنىڭ مۇخلىسلىرىدىن ئەمەسمۇ؟»** ــ «سەنمۇ» دېگەن سۆز بەلكىم بىرىنچى مۇخلىس ئۆزىنىڭ ئەيسانىڭ مۇخلىسى ئىكەنلىكىنى بۇ قىزغا ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ

**18:18** مات. 26:69؛ مار. 14:67؛ لۇقا 22:55.

## باش كاھىن ئانناسنىڭ ئەيسانى سوراق قىلىشى

مات. 26:59-66؛ مار. 14:55-64؛ لۇقا 22:66-71

[19] باش كاھىن بولسا ئەيسادىن مۇخلىسلىرى توغرۇلۇق ۋە تەلىمى توغرۇلۇق
سوئال سوراشقا باشلىدى. [20] ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق بەردى:
مەن خەلق-ئالەم ئالدىدا ئاشكارا سۆز قىلغانمەن، بارلىق يەھۇدىيلار
يىغىلىدىغان سىناگوگلاردا ۋە ئىبادەتخانىدا دائىم تەلىم بېرىپ
كەلدىم، مەن يوشۇرۇن ھېچنېمە دېمىدىم. [21] بۇلارنى نېمىشقا مەندىن
سورايسەن؟ ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئاڭلىغانلاردىن سورىغىن؛ مانا،
ئۇلار نېمە دېگەنلىكىمنى بىلىدۇ.
[22] ئەيسا بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا، يېنىدا تۇرغان قاراۋۇللاردىن بىرى
ئۇنى بىر كاچات ئۇرۇپ:
باش كاھىنغا مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرامسەن؟ ــ دېدى.
[23] ــ ئەگەر يامان سۆز قىلغان بولسام، ئۇنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى
كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا كۆرسەتكىن. ئەمما ئېيتقانلىرىم دۇرۇس
بولسا، مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىسەن؟ ــ دېدى ئەيسا ئۇنىڭغا.
[24] بۇنىڭ بىلەن ئانناس ئۇنى باغلاقلىق پېتى باش كاھىن قاياپاغا
يوللىدى.

## پېترۇسنىڭ ئەيسادىن يەنە ئىككى قېتىم تېنىشى

مات. 26:71-75؛ مار. 14:69-72؛ لۇقا 22:58-62

[25] سىمون پېترۇس ئوتنىڭ ئالدىدا ئىسسىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.
يېنىدىكىلەر:

---

**20:18** يۇھ. 26:7.

**22:18** يەر. 2:20؛ روس. 2:23.

**24:18** **«بۇنىڭ بىلەن ئانناس ئۇنى باغلاقلىق پېتى باش كاھىن قاياپاغا يوللىدى»** ــ بۇ ئايەتكە قارىغاندا ئىككى باش كاھىن بار ئىدى. 22-ئايەتتە ئانناسمۇ «باش كاھىن» دېيىلىدۇ. مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇلار نۆۋەت بويىچە باش كاھىنلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان. 21:19نىمۇ كۆرۈڭ.

**24:18** مات. 26:57؛ مار. 14:53؛ لۇقا 22:54.

سەنمۇ ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىدىن ئەمەسمىدىڭ؟ ــ دېيىشتى.
ياق، ئەمەسمەن، ــ دەپ تاندى پېترۇس.
[26] ئۇ يەردە باش كاھىننىڭ چاكارلىرىدىن، پېترۇس قۇلىقىنى كېسىپ
تاشلىغان كىشىگە تۇغقان بىرسى بار ئىدى. ئۇ پېترۇسقا:
باغچىدە سېنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرگەنىدىمغۇ؟! ــ دېدى.
[27] پېترۇس يەنە تاندى. دەل شۇ چاغدا خوراز چىللىدى.

## ئەيسانىڭ ۋالىي پىلاتۇس ئالدىدا سوراق قىلىنىشى

مات. 27:1-2، 11-31؛ مار. 15:1-20؛ لۇقا 23:1-25

[28] ئاندىن ئۇلار ئەيسانى قاياپانىڭ يېنىدىن رىملىق ۋالىينىڭ
ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى (شۇ چاغدا تاڭ ئاتقانىدى). ئۇنى ئېلىپ
كەلگەن يەھۇدىيلار بولسا ئۆزىمىزنى ناپاك قىلىپ بۇلغىمايلى دەپ،
ئوردىغا كىرمىدى. بولمىسا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ داستىخىنىدىن
غىزالىنالمايتتى.
[29] شۇڭا ۋالىي پىلاتۇس سىرتقا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارغا:
بۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن نېمە ئەرز قىلىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.

---

**25:18 «يېنىدىكىلەر»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇلار».

**25:18** مات. 26:71؛ مار. 14:69؛ لۇقا 22:58.

**27:18** يۇھ. 13:38.

**28:18 «...بولمىسا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ داستىخىنىدىن غىزالىنالمايتتى»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» بولسا «پېتىر نان ھېيتى»نىڭ بىرىنچى كۈنى (يەنى بىرخىل «شابات كۈنى» دەپ ھېسابلىناتتى)نى كۆرسىتىدۇ. 19:14دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
—«ئۆزىمىزنى ناپاك قىلىپ بۇلغىمايلى». ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى: «يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ ئۆيىگە كىرسەك بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلار بەلكىم «ناپاك بىر نەرسە» (مەسىلەن بىر جەسەت ياكى ئۆلۈك نەرسە) گە تەگكەن بولۇشى مۇمكىن؛ بىز ئۇلارغا تەگسەك ئۇلاردىكى «ناپاكلىق» بىزگىمۇ يۇقتۇرۇلۇشى مۇمكىن» دېگەندەك ئىدى. دېمىسەكمۇ، ئۇلار كۆڭۈل بۆلگەن بۇ «تاھارەتلەر» تەۋراتتىكى مۇقەددەس قانۇندىكى «ناپاكلىق» توغرۇلۇق بەلگىلىمىلەردىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى. قىزىق يېرى شۇكى، ئۇلار «بۇلغىنىش»تىن قورقۇپ ئۆز «پاكلىقىنى» بۇلغىماسلىققا قىزغىنلىق بىلەن تىرىشقىنى بىلەن، يەنە خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى ئۆلتۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى.

**28:18** مات. 27:1؛ مار. 15:1؛ لۇقا 22:66؛ 23:1.

30 ئۇلار:
بۇ ئادەم جىنايەتچى بولمىسا، ئۇنى سىزگە تاپشۇرمىغان بولاتتۇق، ــ
دەپ جاۋاب بېرىشتى.
31 ــ ئۇنى ئۆزۈڭلار ئېلىپ كېتىپ، ئۆز قانۇنۇڭلار بويىچە ھۆكۈم
چىقىرىڭلار! ــ دېدى پىلاتۇس ئۇلارغا.
يەھۇدىيلار:
بىزنىڭ ھېچكىمنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش ھوقۇقىمىز يوق تۇرسا،
ــ دېيىشتى.
32 بۇ ئىشلار ئەيسانىڭ ئۆزى قانداق ئۆلۈم بىلەن ئۆلۈدىغىنى
توغرىسىدىكى ئالدىن ئېيتقان بېشارەتلىك سۆزىنىڭ ئەمەلگە
ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن يۈز بەردى.
33 ئاندىن پىلاتۇس يەنە ئوردىسىغا كىرىپ، ئەيسانى چاقىرتىپ،
ئۇنىڭدىن:
سەن يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
34 ئەيسا ئۇنىڭغا:
بۇ سوئالنى ئۆزۈڭ سوراۋاتامسەن، ياكى باشقىلار مەن توغرۇلۇق ساڭا
شۇنداق ئېيتقانمۇ؟ ــ دېدى.
35 ــ مەن بىر يەھۇدىيمۇ؟! سېنى ماڭا تاپشۇرغانلار ئۆز خەلقىڭ ۋە باش
كاھىنلارغۇ! نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدىڭ؟ ــ دېدى پىلاتۇس.

---

30:18 **«بۇ ئادەم جىنايەتچى بولمىسا...»** ــ ياكى «بۇ ئادەم رەزىل قىلغۇچى بولمىسا...».

32:18 **«بۇ ئىشلار ئەيسانىڭ ئۆزى قانداق ئۆلۈم بىلەن ئۆلۈدىغىنى توغرىسىدىكى ئالدىن ئېيتقان بېشارەتلىك سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن يۈز بەردى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، مەسىھ بىرنەچچە قېتىم يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېتىقادسىز يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ رىملىقلار ئىجاد قىلغان كرېستتە ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى (مەسىلەن، «مات.» 19:20، 2:26، «لۇقا» 32:18-33، «يۇھ.» 3:14، 32:12-33).

**32:18** مات. 19:20؛ يۇھ. 32:12.

**33:18** مات. 11:27؛ مار. 2:15؛ لۇقا 3:23.

35:18 **«مەن بىر يەھۇدىيمۇ؟»** ــ پىلاتۇسنىڭ بۇ سۆزى: «مەن يەھۇدىي ئەمەس، خەلقىڭ سەن

36 ئەيسا جاۋابەن: ــ مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ دۇنياغا تەۋە ئەمەستۇر.
ئەگەر بۇ دۇنياغا تەۋە بولغان بولسا، خىزمەتچىلىرىم مېنىڭ
يەھۇدىيلارغا تاپشۇرۇلماسلىقىم ئۈچۈن جەڭ قىلىشقان بولاتتى.
ھالبۇكى، مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ يەرگە تەۋە ئەمەستۇر، ــ دېدى.
37 شۇڭا پىلاتۇس ئۇنىڭغا:
ئۇنداقتا، سەن پادىشاھمۇ؟ ــ دېدى.
ئەيسا جاۋابەن: ــ شۇنداق، ئېيتقىنىڭدەك، پادىشاھمەن. مەن
شۇنىڭغا تۇغۇلغانمەن، ۋە شۇنىڭغا دۇنياغا كەلدىم: ــ ھەقىقەتكە
گۇۋاھلىق بېرىشىم ئۈچۈندىن ئىبارەتتۇر. ھەقىقەتكە تەۋە بولغان
ھەربىر كىشى بولسا مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق سالىدۇ، ــ دېدى.
38 پىلاتۇس ئۇنىڭدىن:
«ھەقىقەت» دېگەن نېمە؟ ــ دەپ سورىدى.
پىلاتۇس مۇشۇلارنى دەپ، يەنە تاشقىرىغا، يەھۇدىيلارنىڭ ئالدىغا
چىقىپ ئۇلارغا:
مەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جىنايەت تاپالمىدىم. 39 لېكىن ھەر يىلى
ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا سىلەر ئۈچۈن مەھبۇسلاردىن بىرنى قويۇپ
بېرىش قائىدەم بار. شۇڭا بۇ «يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى»نى سىلەرگە
قويۇپ بېرىشىمنى خالامسىلەر؟ ــ دېدى.
40 ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاۋاب بېرىپ:

---

تۇغرۇلۇق بىرنېمە دېمىگەن بولسا، مەنمۇ ھېچنېمە دېمەيمەنغۇ» دېگەن پۇرىقى بار سوئالدۇر.

**36:18 «مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ دۇنياغا تەۋە ئەمەستۇر»** ــ ياكى «مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ دۇنيادىن ئەمەستۇر».

**36:18** يۇھ. 15:6؛ 1تىم. 13:6.

**37:18 «شۇنداق، ئېيتقىنىڭدەك»** ــ ئەيسانىڭ بۇ جاۋابىنىڭ گرېك تىلىدا «شۇنداق، لېكىن ئەھۋال دەل سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئەمەس» دېگەن پۇرىقى چىقىدۇ.

**38:18** مات. 24:27؛ لۇقا 4:23.

**39:18 «...مەھبۇسلاردىن بىرنى قويۇپ بېرىش قائىدەم بار»** ــ ياكى: «...مەھبۇسلاردىن بىرنى قويۇپ بېرىش بىر ئادىتىم بار».

**39:18** مات. 15:27؛ مار. 6:15؛ لۇقا 17:23.

بۇ ئادەمنى ئەمەس، باراباسنى قويۇپ بېرىڭ! ــ دەپ قىيقاس-سۈرەن
سېلىشتى (باراباس بولسا بىر قاراقچى ئىدى).

## ئەيسانىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى

19 [1] شۇنىڭ بىلەن، پىلاتۇس ئەيسانى ئېلىپ بېرىپ قامچىلاتتى.
[2] لەشكەرلەر تىكەنلىك شاخلارنى ئۆرۈپ، بىر تاج ياساپ،
ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا شاھانە سۆسۈن رەڭلىك بىر
تون كىيدۈرۈپ، [3] ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
ياشىغايلا، ئى يەھۇدىيلارنىڭ «پادىشاھى»! ــ دەپ مەسخىرە
قىلىشىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قايتا-قايتا كاچات سالدى.
[4] پىلاتۇس بولسا يەنە ئوردىسىدىن چىقىپ، خالايىققا:
مانا! ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جىنايەت تاپالمىغانلىقىمنى بىلىشىڭلار
ئۈچۈن، ئۇنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئېلىپ چىقتىم، ــ دېدى.
[5] بۇنىڭ بىلەن ئەيسا بېشىغا تىكەنلىك تاج ۋە ئۇچىسىغا سۆسۈن تون
كىيگۈزۈلگەن ھالدا تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىلدى. پىلاتۇس ئۇلارغا:
قاراڭلار، ئۇ ئادەمگە! ــ دېدى.
[6] باش كاھىنلار ۋە قاراۋۇللار ئۇنى كۆرۈپ:
ئۇنى كرېستلەڭ، كرېستلەڭ! ــ دەپ ۋارقىراشتى.
پىلاتۇس ئۇلارغا: ــ ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ئۆزۈڭلار كرېستلەڭلار! چۈنكى
مەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جىنايەت تاپالمىدىم! ــ دېدى.

---

**40:18** مات. 16:27؛ مار. 7:15؛ لۇقا 19:23؛ روس. 1:3.

1:19 **«شۇنىڭ بىلەن، پىلاتۇس ئەيسانى ئېلىپ بېرىپ قامچىلاتتى»** ــ مۇشۇ خىل «قامچىلاش» ئادەتتە كرېستلىنىشتىن ئاۋۋالقى جازا ئىدى. جازا ئەسۋابى تۆمۈر ياكى سۆڭەك پارچىلىرى باغلاقلىق نەچچە تانىلىق قامچا ئىدى. بۇ جازانىڭ ئۆزى شۇنچە ئېغىركى، جازالانغۇچى گاھى ۋاقىتلاردا تېخى كرېستلەنمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭدىن ئۆلۈپ كېتەتتى.

**1:19** مات. 26:27؛ مار. 15:15.

5:19 **«قاراڭلار، ئۇ ئادەمگە!»** ــ پىلاتۇس مۇشۇ يەردە بىلمىگەن ھالدا زەكەرىيا پەيغەمبەرنىڭ شۇ بېشارىتىنى ئاغزىغا ئالغان ئىدى: «قاراڭلار، «شاخ» دەپ ئاتالغان ئادەم!» («زەك.» 8:3، 12:6).

7 يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا جاۋابەن:
بىزدە شۇنداق بىر قانۇن بار. شۇ قانۇنىمىزغا ئاساسەن ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىۋالدى.
8 پىلاتۇس بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ، 9 يەنە ئوردىسىغا كىرىپ،
ئەيسادىن:
سەن زادى قەيەردىن كەلگەن؟ ــ دەپ سورىدى.
لېكىن ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.
10 شۇڭا پىلاتۇس ئۇنىڭغا: ــ سەن ماڭا گەپ قىلمامسەن؟ سېنى قويۇپ
بېرىشكە ھوقۇقۇم بارلىقىنى، شۇنداقلا كرېستلەشكىمۇ ھوقۇقۇم بارلىقىنى بىلمەمسەن؟ ــ دېدى.
11 ئەيسا جاۋابەن: ــ ساڭا ئەرشتىن بېرىلمىگەن بولسا، مېنىڭ ئۈستۈمدىن ھېچقانداق ھوقۇقۇڭ بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ساڭا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئادەمنىڭ گۇناھى تېخىمۇ ئېغىردۇر، ــ دېدى.
12 شۇ چاغدىن تارتىپ، پىلاتۇس ئۇنى قويۇۋېتىشكە ئامال ئىزدەيتتى.
لېكىن يەھۇدىيلار ۋارقىرىشىپ:
بۇ ئادەمنى قويۇۋەتسىڭىز، سىز قەيسەرنىڭ دوستى بولمىغان

7:19 لاۋ. 16:24؛ يۇھ. 18:5؛ 3:10.

**8:19 «پىلاتۇس بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ،...»** ــ پىلاتۇس نېمىشقا قورقتى؟ ئەگەر بىرسى ئۆزىنى رىملىق ئىمپېراتور قەيسەرگە باراۋەر قىلىپ «مەن خۇدانىڭ ئوغلى» دېسە، «قەيسەرنىڭ دۈشمىنى» دەپ ھېسابلىنىشى مۇمكىن؛ شۇڭا گەرچە ئۇنىڭ ئەيسانى قويۇۋەتكۈسى بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق قىلىشتىن قورقاتتى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن، يەنى ئايالىنىڭ ئەيسا توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشىدىن قورقىشىمۇ مۇمكىن ئىدى («مات.» 19:27).

**11:19 «ساڭا ئەرشتىن بېرىلمىگەن بولسا، مېنىڭ ئۈستۈمدىن ھېچقانداق ھوقۇقۇڭ بولمىغان بولاتتى»** ــ «ئەرشتىن» دېگەن سۆز گرېك تىلىدا «يۇقىرىدىن». مۇشۇ يەردە شۈبھىسىزكى، ئەرشنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. **«... مېنى ساڭا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئادەم»** ــ مۇشۇ يەردە يەھۇدا ئەمەس، بەلكى باش كاھىن قايافا ئىدى. قايافا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى ئېتىقادسىز رىملىقلارغا تاپشۇرغاندا، ئەمەلىيەتتە ئۇ پۈتكۈل يەھۇدىي خەلقىنىڭ ۋەكىلى بولغانىدى.

بولىسىز! ئۆزىنى پادىشاھ دېگەن ھەربىر كىشى قەيسەرگە قارشى
چىققان بولىدۇ! ــ دەپ چۇقان سېلىشتى.
[13] پىلاتۇس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەيسانى تاشقىرىغا چىقاردى ۋە «تاش
تاختايلىق ھويلا» دەپ ئاتالغان، ئىبرانىي تىلىدا «گابباتا» دەپ
ئاتالغان يەردە «سوراق تەختى»گە ئولتۇردى [14] (ئۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىش
ھېيتىنىڭ تەييارلىق كۈنىنىڭ ئالتىنچى سائىتى ئەتراپىدا ئىدى).
پىلاتۇس يەھۇدىيلارغا:
مانا بۇ سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلاردۇر! ــ دېدى.
[15] لېكىن ئۇلار ۋارقىرىشىپ: ــ يوقىتىڭ، يوقىتىڭ، ئۇنى كرېستلەڭ!
ــ دېدى.
پىلاتۇس ئۇلارغا: ــ مېنى پادىشاھىڭلارنى كرېستلىگىن، دەمسىلەر؟
ــ دېدى.
باش كاھىنلار جاۋابەن:
قەيسەردىن باشقا ھېچقانداق پادىشاھىمىز يوقتۇر! ــ دەپ توۋلاشتى.
بۇنىڭ بىلەن پىلاتۇس ئۇنى كرېستلەشكە ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

---

12:19 **«بۇ ئادەمنى قويۇۋەتسىڭىز، سىز قەيسەرنىڭ دوستى بولمىغان بولىسىز!»** ـــ «قەيسەر» رىم ئىمپېراتورىنىڭ ئۇنۋانى. «قەيسەرنىڭ دوستى» ـــ بۇ مەخسۇس بىر ئۇنۋان ئىدى. پىلاتۇس بەلكىم مىڭ تەسلىكتە شۇ ئالاھىدە ئۇنۋانغا ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەنە شۇنداق يۇقىرى ئۇنۋاندىن مەھرۇم بولۇشتىن ئىنتايىن قورقاتتى.

**12:19** روس. 7:17.

14:19 **«ئۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تەييارلىق كۈنىنىڭ ئالتىنچى سائىتى ئەتراپىدا ئىدى»** ـــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» بولسا «پېتىر نان ھېيتى»نىڭ بىرىنچى كۈنى (يەنى بىرخىل «شابات كۈنى» دەپ ھېسابلىناتتى)نى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۈندىكى ھېيت «چاگگاھ» دەپ ئاتىلاتتى («قان.» 16:1-13، «2تار.» 35:1، 2، 6 ۋە 18نى كۆرۈڭ).
—«ئالتىنچى سائەت» باشقا ئىزاھاتلىرىمىزدا ئېيتقىنىمىزدەك، رىم ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەتىگەن سائەت ئالتە ئىدى.

**15:19** يار. 10:49.

## ئەيسانىڭ كرېستلىنىشى

مات. 27:32-44؛ مار. 15:21-32؛ لۇقا 23:26-39

17-16 لەشكەرلەر ئەيسانى ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ئۆز كرېستىنى يۈدۈپ،
«باش سۆڭەك جايى» (ئىبرانىي تىلىدا «گولگوتا») دېگەن يەرگە
باردى. 18 ئۇلار ئۇنى شۇ يەردە يەنە ئىككى كىشى بىلەن تەڭ كرېستكە
تارتتى؛ بۇ تەرىپىدە بىرسى، ئۇ تەرىپىدە بىرسى ۋە ئەيسا ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا كرېستكە تارتىلدى.
19 پىلاتۇس تاختىغا ئېلان يېزىپ كرېستكە بېكىتىپ قويدى. ئۇنىڭغا:
ــ «ناسارەتلىك ئەيسا ــ يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» دەپ يېزىلغانىدى.
20 ئەيسا كرېستلىنىدىغان يەر شەھەرگە يېقىن بولغاچقا، نۇرغۇن
يەھۇدىيلار تاختىدىكى سۆزلەرنى ئوقۇدى. تاختىدىكى سۆزلەر
ئىبرانىيچە، لاتىنچە ۋە گرېكچە يېزىقتا يېزىلغانىدى. 21 شۇڭا
يەھۇدىيلارنىڭ باش كاھىنلىرى پىلاتۇسقا:
«يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» دەپ يازماڭ، بەلكى «ئۇ ئۆزىنى مەن
يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى، دېگەن» دەپ يېزىڭ، ــ دېيىشتى.
22 بىراق پىلاتۇس جاۋابەن:
يازىدىغاننى يېزىپ بولدۇم! ــ دېدى.
23 لەشكەرلەر ئەيسانى كرېستلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى
ئېلىپ، تۆتكە بۆلۈپ، ھەربىر لەشكەر بىر ئۈلۈشتىن ئېلىشتى؛ ئۇلار
ھەم ئىچىدىكى ئۇزۇن كۆڭلەكنىمۇ ئېلىشتى؛ لېكىن بۇ كۆڭلەك
تىكىلمىگەن، ئۈستىدىن ئايىغىغىچە بىر پۈتۈن توقۇلغانىدى.
24 شۇنىڭ ئۈچۈن لەشكەرلەر بىر-بىرىگە:
بۇنى يىرتمايلى، بەلكى چەك تارتىشايلى، كىمگە چىقسا شۇ ئالسۇن،
ــ دېيىشتى.

**16:19-17** مات. 27:26؛ مار. 15:22؛ لۇقا 23:24، 25؛ مات. 27:31، 33؛ مار. 15:22؛ لۇقا 23:26، 33.
**19:19** مات. 27:37؛ مار. 15:26؛ لۇقا 23:38.
**23:19** مات. 27:35؛ مار. 15:24؛ لۇقا 23:34.

بۇ ئىشلار مۇقەددەس يازمىلاردىكى مۇنۇ سۆزلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئۈچۈن يۈز بەردى: ــ

«ئۇلار مېنىڭ كىيىملىرىمنى ئۆز ئارىسىدا ئۈلەشتى،
مېنىڭ كۆڭلىكىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشتى».
دەرۋەقە، لەشكەرلەر شۇنداق قىلىشتى.
25 ئەيسانىڭ كرېستىنىڭ يېنىدا ئانىسى، ئانىسىنىڭ سىڭلىسى،
كلوپاسنىڭ ئايالى مەريەم ۋە ماگداللىق مەريەملەر تۇراتتى. 26 ئەيسا
ئانىسى بىلەن ئۆزى سۆيىدىغان مۇخلىسىنىڭ بىرگە تۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ، ئانىسىغا:
ئى خانىم، مانا سېنىڭ ئوغلۇڭ! ــ دېدى.
27 ئاندىن ئۇ بۇ مۇخلىسقا:
مانا سېنىڭ ئاناڭ! ــ دېدى.
شۇندىن ئېتىبارەن، ئۇ مۇخلىس ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇزدى.

---

24:19 **«مېنىڭ كۆڭلىكىم»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مېنىڭ چاپىنىم». زەبۇردا («زەب.» 18:22) ئىبرانىي تىلى بويىچە «چاپان» ياكى «كۆڭلەك»نى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇلار مېنىڭ كىيىملىرىمنى ئۆز ئارىسىدا ئۈلەشتى، *مېنىڭ كۆڭلىكىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشتى»** ــ «زەب.» 15:22.

**24:19** زەب. 18:22

25:19 **«ئەيسانىڭ كرېستىنىڭ يېنىدا ئانىسى، ئانىسىنىڭ سىڭلىسى، كلوپاسنىڭ ئايالى مەريەم ۋە ماگداللىق مەريەملەر تۇراتتى»** ــ بۇ ئايەتنى «مات.» 56:27 بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، «ئەيسانىڭ ئانىسىنىڭ سىڭلىسى»، يەنى مەريەمنىڭ سىڭلىسى بولسا زەبەدىينىڭ ئايالى، شۇنداقلا روسۇللاردىن يۇھاننا بىلەن ياقۇپنىڭ ئانىسى بولۇش مۇمكىنچىلىكى باردۇر. «مار.» 40:15دە ئۇ «سالومى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**25:19** مات. 55:27؛ مار. 40:15؛ لۇقا 49:23.

26:19 **«ئەيسا ئانىسى بىلەن ئۆزى سۆيىدىغان مۇخلىسىنىڭ بىرگە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ...»** ــ «ئۆزى سۆيىدىغان مۇخلىسى» بەلكىم بۇ بايانىنىڭ مۇئەللىپى يۇھاننا بولۇشى مۇمكىن. «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

## ئەيسانىڭ ئۆلۈمى

مات. 27:45-56؛ مار. 15:33-41؛ لۇقا 23:44-49

[28] ئاندىن ئەيسا ھەممە ئىشلارنىڭ تامام بولغىنىنى بىلىپ (مۇقەددەس
يازمىلاردىكى بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئۈچۈن):
ئۇسساپ كەتتىم! ــ دېدى.
[29] ئۇ يەردە سىركە شاراب بىلەن تولدۇرۇلغان بىر كوزا بار ئىدى. ئۇلار بىر
پارچە بۇلۇتنى سىركە شارابقا چىلاپ، بىر لىپەككۈل غولىغا باغلاپ،
ئەيسانىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى. [30] ئەيسا سىركە شارابنى ئىچكەندىن
كېيىن:
تامام بولدى! ــ دېدى-دە، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، روھىنى تاپشۇرۇپ
بەردى.

## ئەيسانىڭ بىقىنىغا نەيزە سانجىلىشى

[31] ئۇ كۈنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تەييارلىق كۈنى بولغاچقا،
كرېستلەنگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى شابات كۈنىدە كرېستتە
قالدۇرۇلماسلىق ئۈچۈن (شابات كۈنى «ئۇلۇغ كۈن» ھېسابلانغاچقا)
يەھۇدىيلار پىلاتۇستىن كرېستلەنگەنلەرنىڭ پۇتلىرىنى چېقىپ
ئاندىن جەسەتلىرىنى كرېستتىن تېزرەك چۈشۈرۈۋېتىشنى تەلەپ
قىلدى. [32] شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر بېرىپ ئەيسا بىلەن بىللە

---

28:19 **«ئەيسا ھەممە ئىشلارنىڭ تامام بولغىنىنى بىلىپ مۇقەددەس يازمىلاردىكى بېشارەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئۈچۈن: ـــ ئۇسساپ كەتتىم! ـــ دېدى»** ــ «زەب.» 15:22، 31- ياكى 21:69نى كۆرۈڭ.

**28:19** زەب. 15:22؛ 21:69

30:19 **«ئەيسا... بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، روھىنى تاپشۇرۇپ بەردى»** ــ ئەيسا «بېشىنى تۆۋەن چۈشۈردى» ئاندىن، «روھىنى تاپشۇرۇپ بەردى». ئادەتتىكى ئادەم بولسا، ئاۋۋال «روھىنى بېرىدۇ» **ئاندىن** «بېشىنى تۆۋەن چۈشۈرىدۇ». دېمەك، ئەيسا ئۆزى ئۆلۈشنىڭ دەقىقىسىنى تاللىۋالدى، ئۆزلۈكىدىن ئۆلدى (10:17-18نى كۆرۈڭ).

31:19 **«ئۇ كۈنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ تەييارلىق كۈنى بولغاچقا...»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» بولسا «پېتىر نان ھېيتى»نىڭ بىرىنچى كۈنى (يەنى بىرخىل

كرېستلەنگەن بىرىنچى ئاندىن ئىككىنچى ئادەمنىڭ پۇتلىرىنى
چاقتى. [33] لېكىن ئەيساغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى
كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇتىنى چاقمىدى. [34] ئەمما لەشكەرلەردىن
بىرى ئۇنىڭ بىقىنىغا نەيزىنى سانجىۋىدى، شۇئان قان ۋە سۇ ئېقىپ
چىقتى.
[35] بۇنى كۆرگۈچى سىلەرنىڭ ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدۇ؛
كۆرگۈچىنىڭ گۇۋاھلىقى ھەقتۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ھەق دەپ
بىلىدۇ. [37-36] بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس يازمىلاردا: «ئۇنىڭ
بىر تال سۆڭىكىمۇ سۇندۇرۇلمايدۇ» ۋە يەنە بىر بېشارەتتە: «ئۇلار
ئۆزلىرى سانجىغان ئادەمگە قارايدۇ» دەپ ئالدىن ئېيتىلغانلارنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈز بەردى.

---

«شابات كۈنى» دەپ ھېسابلىناتتى). 14-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

—يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، «پېتىر نان ھېيتى»نىڭ بىرىنچى كۈنى «شابات كۈنى» دەپ ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدەك بۇ كۈنى ئادەتتىكى بىر شابات كۈنى (ھەپتىنىڭ يەتتىنچى كۈنى، يەنى شەنبە كۈنى) بولغان بۇلۇشىمۇ مۇمكىن. ئىككى تەرەپتىن «شابات» كۈنى بولغاچقا، بەلكىم «ئۇلۇغ كۈن» دېيىلىشى مۇمكىن ئىدى. **«كرېستلەنگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى شابات كۈنىدە كرېستتە قالدۇرۇرماسلىق ئۈچۈن شابات كۈنى «ئۇلۇغ كۈن» ھېسابلانغاچقا يەھۇدىيلار پىلاتۇستىن كرېستلەنگەنلەرنىڭ پۇتلىرىنى چېقىپ ئاندىن جەسەتلىرىنى كرېستتىن تېزرەك چۈشۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى»** — «قان.» 21:22-23 ۋە «يەشۈئا» 8:29دە يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈن بېكىتىلگەن قانۇن بويىچە، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىرسىنىڭ جەستى تۈۋرۈك ياكى دەرەختە كەچكىچە ئېسىقلىق تۇرماسلىقى كېرەك ئىدى؛ بولمىسا «زېمىنىڭلار ناپاك بولىدۇ» دەپ بېكىتىلگەن. كرېستكە تارتىلغانلار بەزى ۋاقىتلاردا ئىككى-ئۈچ كۈن ئېسىلغاندىن كېيىنلا ئۆلەتتى. ئەگەر پۇتلىرى سۇنۇلغان بولسا، كۆكسىنى تولۇق كۆتۈرەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن نەپەس ئالالماي تېزلا ئۆلەتتى.

34:19 **«ئەمما لەشكەرلەردىن بىرى ئۇنىڭ بىقىنىغا نەيزىنى سانجىۋىدى، شۇئان قان ۋە سۇ ئېقىپ چىقتى»** — «1يۇھ.» 5:6-8نى كۆرۈڭ. «قان ۋە سۇ»نىڭ تەك چىقىشى ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

37-36:19 **«ئۇنىڭ بىر تال سۆڭىكىمۇ سۇندۇرۇلمايدۇ»** — «مىس.» 12:46، (LXX) 10:12، «چۆل.» 9:12، «زەب.» 34:20. **«ۇلار ئۆزلىرى سانجىغان ئادەمگە قارايدۇ»** — «زەك.» 12:10.

**37-36:19** مىس. 12:46؛ چۆل. 9:12؛ زەب. 34:20؛ زەك. 12:10.

## ئەيسانىڭ دەپنە قىلىنىشى

مات. 27:57-61؛ مار. 15:42-47؛ لۇقا 23:50-56

[38]بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئارىماتىيالىق يۈسۈپ پىلاتۇستىن ئەيسانىڭ
جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى (يۈسۈپ ئەيسانىڭ
مۇخلىسلىرىدىن ئىدى، لېكىن يەھۇدىيلاردىن قورققىنى ئۈچۈن بۇنى
مەخپىي تۇتاتتى)؛ پىلاتۇس رۇخسەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ
بېرىپ ئەيسانىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەتتى. [39]بۇرۇن بىر كېچىسى
ئەيسانىڭ يېنىغا كەلگەن ھېلىقى نىكودىمۇ مۇرمەككى بىلەن
سەبرە ئارىلاشتۇرۇلغان خۇشبۇي دورا-دەرماندىن يۈز جىڭچە ئېلىپ،
ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلدى. [40]ئىككىيلەن ئەيسانىڭ جەسىتىنى
يەھۇدىيلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى بويىچە دورا-دەرمانلارنى چېچىپ،
كاناپ رەختلەر بىلەن ئوراپ كېپەنلىدى. [41]ئەيسا كرېستلەنگەن يەردە
بىر باغ بولۇپ، باغنىڭ ئىچىدە تېخى ھېچكىم يەرلەنمىگەن يېڭى
بىر بوش يەرلىك بار ئىدى. [42]بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ھېيتنىڭ تەييارلىق
كۈنى بولغاچقا ھەم بۇ يەرلىك يېقىن جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار
ئەيسانى شۇ يەرلىككە قويدى.

---

**38:19** مات. 57:27؛ مار. 42:15؛ لۇقا 50:23؛ يۇھ. 42:12.

39:19 **«بۇرۇن بىر كېچىسى ئەيسانىڭ يېنىغا كەلگەن ھېلىقى نىكودىمۇ»** ــ «يۇھ.» 1:3-15نى كۆرۈڭ. **«مۇرمەككى بىلەن سەبرە ئارىلاشتۇرۇلغان خۇشبۇي دورا-دەرماندىن يۈز جىڭچە ئېلىپ،...»** ــ شۇ چاغدىكى «جىڭ» بەلكىم 0.325 كىلوگرام ئىدى، شۇڭا دورا-دەرمانلار 32 كىلوچە ئىدى.

**39:19** يۇھ. 1:3؛ 7:50.

41:19 **«باغنىڭ ئىچىدە تېخى ھېچكىم يەرلەنمىگەن يېڭى بىر بوش يەرلىك بار ئىدى»** ــ ئىنجىلدىكى باشقا بايانلاردىن ئېنىقكى، بۇ قەبرە (يەرلىك) تاش ئۆڭكۈر ئىدى. «ھېچكىم شۇ يەرگە قويۇلمىغان» بولغاچقا، شۇ يەر تەۋرات قانۇنى بويىچە پۈتۈنلەي «پاكىز بىر جاي» (ھېچ ئۆلۈك تېگىپ باقمىغان) دەپ ھېسابلىناتتى.

42:19 **«يەھۇدىيلارنىڭ ھېيتنىڭ تەييارلىق كۈنى بولغاچقا،...»** ــ «ھېيت» بولسا «پېتىر نان ھېيتى». ئۇنىڭ بىرىنچى كۈنى بىلەن شابات كۈنى ئوخشاشلا شۇ كۈنى كەچ سائەت 6-دە باشلىناتتى، شۇڭا تېزرەك دەپنە قىلىنىش كېرەك ئىدى.

## ئەيسانىڭ تىرىلىشى

مات. 28:1-10؛ مار. 16:1-8؛ لۇقا 24:1-12

20 [1] ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ سەھەر، ماگداللىق
مەريەم قەبرىگە باردى ۋە قەبرىنىڭ ئاغزىدىكى تاشنىڭ
ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. [2] شۇڭا ئۇ يۈگۈرگىنىچە كېلىپ سىمون
پېترۇس ۋە ئەيسا سۆيگەن ھېلىقى مۇخلىسنىڭ يېنىغا كېلىپ،
ئۇلارغا:
ئۇلار رەببىنى قەبرىدىن يۆتكىۋېتىپتۇ، ئۇنى قەيەرگە قويغىنىنى
بىلمىدۇق! ــ دېدى.
[3] پېترۇس بىلەن ھېلىقى مۇخلىس تاشقىرىغا چىقىپ، قەبرىگە
قاراپ يول ئالدى. [4] ئىككىيلەن تەڭ يۈگۈرۈپ ماڭدى، لېكىن ھېلىقى
مۇخلىس پېترۇستىن تېز يۈگۈرۈپ، قەبرىگە بىرىنچى بولۇپ يېتىپ
باردى. [5] ئۇ ئېڭىشىپ ئىچىگە قاراپ، كاناپ كېپەنلەرنىڭ ئۇ يەردە
يېيىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى، لېكىن ئىچكىرىگە كىرمىدى.
[6] ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن سىمون پېترۇس يېتىپ كېلىپ، قەبرىگە
كىردى ۋە ئۇ يەردە يېيىقلىق تۇرغان كاناپ كېپەنلەرنى، [7] شۇنداقلا
ئەيسانىڭ بېشىغا ئورالغان ياغلىقنىمۇ كۆردى. ياغلىق كېپەنلەر
بىلەن بىر يەردە ئەمەس، بەلكى ئايرىم يەردە يۆگەكلىك تۇراتتى.

---

1:20 **«ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى»** ــ يەنى يەكشەنبە كۈنى. **«ماگداللىق مەريەم... قەبرىنىڭ ئاغزىدىكى تاشنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى»** ــ قەبرە ئۆڭكۈر ئىدى («مات.» 27:60، «لۇقا» 23:53).

**1:20** مات. 28:1؛ مار. 16:1؛ لۇقا 24:1.

2:20 **«ئۇلار رەببىنى قەبرىدىن يۆتكىۋېتىپتۇ، ئۇنى قەيەرگە قويغىنىنى بىلمىدۇق!»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «بىز» ئىسپاتلايدۇكى، ئىنجىلدىكى باشقا «بايانلار»دا ئېيتىلغاندەك، ئەسلىدە مەريەم بىلەن بىللە يەنە باشقا ئاياللارمۇ بار ئىدى («مات.» 28:1، «مار.» 16:1-2. «لۇقا» 23:54-24:1نى كۆرۈڭ).

**2:20** يـۇھ. 13:23؛ 21:7، 20.

**3:20** لۇقا 24:12.

**5:20** يـۇھ. 19:40.

**7:20** يـۇھ. 11:44.

[8]ئاندىن قەبرىگە ئاۋۋال كەلگەن ھېلىقى مۇخلىسمۇ قەبرىگە
كىرىپ، ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىشەندى [9](چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن
قايتا تىرىلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ھەققىدە مۇقەددەس يازمىلاردىكى
بېشارەتنى تېخىچە چۈشەنمەيتتى). [10]شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئۆز
تۇرالغۇلىرىغا قايتىشتى.

## ئەيسانىڭ ماگداللىق مەريەمگە كۆرۈنۈشى

مار. 16:9-11

[11]ئەمما مەريەم بولسا قەبرىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ
يىغلاپ تۇرۇپ قەبرىنىڭ ئىچىگە ئېڭىشىپ قارىۋىدى، [12]مانا ئاق
كىيىم كىيگەن ئىككى پەرىشتە تۇراتتى؛ ئۇلارنىڭ بىرى ئەيسانىڭ
جەسىتى قويۇلغان يەرنىڭ باش تەرىپىدە، يەنە بىرى ئاياغ تەرىپىدە
ئولتۇراتتى.
[13]ئۇلار مەريەمدىن:
خانىم، نېمىشقا يىغلايسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
رەببىمنى ئېلىپ كېتىپتۇ، ئۇنى نەگە قويغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن،
ــ دېدى ئۇ ئۇلارغا.
[14]ئۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىپلا، كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى، ئەيسانىڭ شۇ

---

**8:20 «ئاندىن قەبرىگە ئاۋۋال كەلگەن ھېلىقى مۇخلىسمۇ قەبرىگە كىرىپ، ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىشەندى»** ــ «ھېلىقى مۇخلىس» (يۇھاننا) نېمىگە ئىشەندى؟ ئۇ شۇ كېپەنلەرنى ۋە ياغلىقنىڭ شۇنداق رەتلىك قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەيسانىڭ جەسىتىنى ھېچكىم ئوغرىلىمىدى، بەلكى ئۇ چوقۇم ئۆلۈمدىن تىرىلدى، دەپ ئىشەندى.

**9:20 «ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قايتا تىرىلىشى...»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ ئۆلگەنلەرنىڭ ئارىسىدىن تىرىلىشى...». **«ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قايتا تىرىلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ھەققىدە مۇقەددەس يازمىلاردىكى بېشارەت...»** ــ بىز باشقا يەرلەردە كۆرسەتكىنىمىزدەك، تەۋرات-زەبۇردا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن بېشارەتلەر باردۇر.

**9:20** زەب. 16:10؛ روس. 2:25، 31؛ 13:35.

**10:20 «شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئۆز تۇرالغۇلىرىغا قايتىشتى»** ــ «ئۆز تۇرالغۇلىرىغا» گرېك تىلىدا «ئۆزلىرىنىڭكىگە» ياكى «ئۆزلىرىنىڭكىلەرگە».

**11:20** مات. 28:1؛ مار. 16:5؛ لۇقا 24:4.

يەردە تۇرغانلىقىنى كۆردى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭ ئەيسا ئىكەنلىكىنى
بىلمىدى.
15 ئەيسا ئۇنىڭدىن ــ خانىم، نېمىشقا يىغلايسەن، كىمنى
ئىزدەيسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
مەريەم ئۇنى باغۋەن شۇ، دەپ ئويلاپ:
تەقسىر، ئەگەر ئۇنى سىز شۇ يەردىن يۆتكىۋەتكەن بولسىڭىز،
قەيەرگە قويغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەيسىز. مەن ئۇنى ئېلىپ
كېتىمەن، ــ دېدى.
16 مەريەم! ــ دېدى ئەيسا ئۇنىڭغا.
مەريەم بۇرۇلۇپلا، ئىبرانىي تىلىدا:
رابونى! ــ دېدى (بۇ سۆز «ئۇستاز» دېگەن مەنىدە).
17 ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ ماڭا ئېسىلمىغىن! چۈنكى مەن تېخى
ئاتامنىڭ يېنىغا چىقمىدىم. بېرىپ قېرىنداشلىرىمغا: مېنى
«سىلەرنىڭمۇ ئاتاڭلارنىڭ، يەنى مېنىڭ ئاتامنىڭ، سىلەرنىڭ
خۇدايىڭلارنىڭ، يەنى مېنىڭ خۇدايىمنىڭ يېنىغا چىقىمەن!»
دەيدۇ، ــ دەپ يەتكۈزگىن، دېدى.
18 شۇنىڭ بىلەن ماگداللىق مەريەم مۇخلىسلارنىڭ يېنىغا بېرىپ،
ئۇلارغا: «رەببنى كۆردۇم!» دېدى ۋە شۇنداقلا ئەيسا ئۆزىگە ئېيتقان
ئۇ سۆزلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزدى.

---

**14:20** مات. 9:28؛ مار. 9:16.

17:20 **«ئەيسا ئۇنىڭغا: ــــ ماڭا ئېسىلمىغىن!.. دېدى»** ــ «ماڭا ئېسىلمىغىن!» ياكى «ماڭا قول تەگكۈزۈۋەرمە». كېيىنكى سۆزلەر بۇنىڭ مەنىسىنىڭ «ئېسىلمىغىن» ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. **«بېرىپ قېرىنداشلىرىمغا: مېنى «سىلەرنىڭمۇ ئاتاڭلارنىڭ، يەنى مېنىڭ ئاتامنىڭ، سىلەرنىڭ خۇدايىڭلارنىڭ، يەنى مېنىڭ خۇدايىمنىڭ يېنىغا چىقىمەن!» دەيدۇ، ــــ دەپ يەتكۈزگىن»** ــ ئەيسانىڭ ماگداللىق مەريەمگە كۆرۈنۈشى توغرۇلۇق ۋە ئۇنىڭغا ئېيتقان بۇ مۇھىم سۆزلىرى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**17:20** زەب. 22:22؛ مات. 10:28؛ يۇھ. 2:16؛ ئىبر. 11:2.

**18:20** مات. 8:28؛ مار. 10:16؛ لۇقا 9:24.

## ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرىغا كۆرۈنۈشى

**مات. 28:16-20؛ مار. 16:14-18؛ لۇقا 24:36-49**

[19] شۇ كۈنى كەچتە، يەنى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى كەچتە،
يەھۇدىيلاردىن قورققانلىقى ئۈچۈن مۇخلىسلار يىغىلغان ئۆيدە
ئىشىكلىرىنى ھەم تاقىۋالغانىدى؛ شۇ ۋاقىتتا، ئەيسا كېلىپ
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنۈپ، ئۆرە تۇرغان ھالدا ئۇلارغا:
سىلەرگە ئامان-خاتىرجەملىك بولغاي! ــ دېدى. [20] بۇنى دەپ،
قوللىرىنى ۋە بىقىنىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇخلىسلار
رەبنى كۆرگىنىدىن شادلاندى. [21] شۇڭا ئەيسا ئۇلارغا يەنە:
سىلەرگە ئامان-خاتىرجەملىك بولغاي! ئاتا مېنى ئەۋەتكىنىدەك،
مەنمۇ سىلەرنى ئەۋەتىمەن، ــ دېدى.
[22] بۇ سۆزنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر پۈۋلەپ:
مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلىڭلار. [23] كىمنىڭ گۇناھلىرىنى
كەچۈرسەڭلار، ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ كىمنىڭ گۇناھلىرىنى
تۇتۇۋالساڭلار، شۇنىڭ گۇناھى تۇتۇۋېلىنىدۇ! ــ دېدى.

---

**19:20** **«سىلەرگە خاتىرجەملىك بولغاي»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «شالوم ئەلەيقۇم!» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئەرەب تىلىدا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم».

**19:20** مار. 14:16؛ لۇقا 36:24؛ 1كور. 5:15.

**20:20** يۇھ. 22:16.

**21:20** يەش. 1:61؛ مات. 19:28؛ مار. 15:16؛ لۇقا 18:4؛ يۇھ. 18:17.

23:20 **«كىمنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرسەڭلار، ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ كىمنىڭ گۇناھلىرىنى تۇتۇۋالساڭلار، شۇنىڭ گۇناھى تۇتۇۋېلىنىدۇ!»** ــ بۇ روسۇللارنىڭ كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى تولۇق كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى بار، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنداق ھوقۇق پەقەت خۇداغىلا تەۋەدۇر. «مات.» 19:16 ۋە 18:18نى كۆرۈڭ. بىزنىڭچە، بۇ «گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش» جامائەتنىڭ تەرتىپىگە باغلىقتۇر. ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان ئېتىقادچىلار جامائەتكە قاتنىشىۋېرەمدۇ؟ رەببىمىز «مات.» 15:18-20دە بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئەمر بېرىدۇ؛ بۇ ئەمر بويىچە جامائەتنىڭ گۇناھ سادىر قىلغان ئەمما توۋا قىلمىغان قېرىنداشلىرىنى جامائەتتىن چىقىرىش ھوقۇقى باردۇر. «كورىنتلىقلارغا (1) ۋە (2)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ، بولۇپمۇ «2كور.» 11:2 توغرۇلۇق چۈشەندۈرۈشىمىزنى كۆرۈڭ.

**23:20** مات. 19:16؛ 18:18.

## ئەيسانىڭ توماسقا كۆرۈنۈشى

[24] ئەمما ئون ئىككىيلەننىڭ بىرى، يەنى «قوشكېزەك» دەپ ئاتالغان
توماس ئەيسا كەلگەندە ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدى. [25] شۇڭا باشقا
مۇخلىسلار ئۇنىڭغا:
بىز رەببىنى كۆردۇق! ــ دېيىشتى. لېكىن توماس ئۇلارغا:
ئۇنىڭ قوللىرىدا مىخلارنىڭ ئىزىنى كۆرمىگۈچە، مىخلارنىڭ ئىزىغا
ئۆز بارمىقىمنى ۋە بىقىنىغا ئۆز قولۇمنى تىقىپ باقمىغۇچە، ھەرگىز
ئىشەنمەيمەن، ــ دېدى.
[26] سەككىز كۈندىن كېيىن، مۇخلىسلار يەنە شۇ ئۆي ئىچىدە جەم
بولغاندا، توماسمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئىشىكلەر تاقاقلىق
تۇرسىمۇ، ئەيسا كېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ:
سىلەرگە ئامان-خاتىرجەملىك بولغاي! ــ دېدى. [27] ئاندىن ئۇ توماسقا:
بارمىقىڭنى بۇ يەرگە تەگكۈزۈپ، قوللىرىمغا قارا. قولۇڭنى ئۇزىتىپ،
بىقىنىمغا تىقىپ، گۇماندا بولماي، ئىشەنگۈچى بولغىن! ــ دېدى.
[28] توماس ئۇنىڭغا: ــ مېنىڭ رەببىم ھەم مېنىڭ خۇدايىمسەن! ــ دەپ
جاۋاب بەردى.
[29] ئەيسا ئۇنىڭغا:
مېنى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئىشەندىڭ. كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگۈچىلەر
بەختلىكتۇر! ــ دېدى.

---

24:20 ««قوشكېزەك» دەپ ئاتالغان توماس» ــ گرېك تىلىدا ««دىدىمۇس» دەپ ئاتالغان توماس».
27:20 1يۇھ. 1:1.
28:20 «مېنىڭ رەببىم ھەم مېنىڭ خۇدايىمسەن!» ــ گرېك تىلىدا «مېنىڭ رەببىم ھەم مېنىڭ خۇدايىم!». ھازىر بارلىق مۇخلىسلار مەسىھنىڭ تولۇق سالاھىيىتىنى تونۇپ يەتكەنىدى.
29:20 1پېت. 8:1.

## ئۇشبۇ كىتابنىڭ مەقسىتى

[30] ئەيسا مۇخلىسلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ كىتابتا خاتىرىلەنمىگەن باشقا
نۇرغۇن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنىمۇ كۆرسەتتى. [31] لېكىن مۇشۇلار
سىلەرنى ئەيسانىڭ مەسىھ، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە
ئىشەنسۇن ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ نامى
ئارقىلىق ھاياتلىققا ئېرىشسۇن، دەپ يېزىلدى.

## ئەيسانىڭ يەتتە مۇخلىسىغا كۆرۈنۈشى

21 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئەيسا تىبېرىياس دېڭىزىنىڭ
بويىدا مۇخلىسلىرىغا يەنە بىر قېتىم كۆرۈندى. ئۇنىڭ بۇ
قېتىمقى كۆرۈنۈشى مۇنداق بولدى: [2] سىمون پېترۇس، «قوشكېزەك»
دەپ ئاتالغان توماس، گالىلىيەدىكى كانالىق ناتانىيەل، زەبەدىينىڭ
ئوغۇللىرى ۋە باشقا ئىككى مۇخلىس بىللە ئىدى. [3] سىمون پېترۇس:
مەن بېلىق تۇتقىلى بارىمەن، ــ دېدى.
كۆپچىلىك:
بىزمۇ سەن بىلەن بىللە بارىمىز، ــ دېيىشتى.
ئۇلار تاشقىرىغا چىقىپ، كېمىگە ئولتۇردى، لېكىن شۇ بىر كېچە
ھېچنەرسە تۇتالمىدى. [4] تاڭ ئاتاي دېگەندە، ئەيسا قىرغاقتا
تۇراتتى، بىراق مۇخلىسلار ئۇنىڭ ئەيسا ئىكەنلىكىنى بىلمىدى.
[5] شۇڭا ئەيسا:
باللار، سىلەردە يېگۈدەك بىر نەرسە يوققۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
يوق، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.

---

**30:20** يۇھ. 25:21.

**1:21 «تىبېرىياس دېڭىزى»** ــ گالىلىيەدە بولۇپ، «گالىلىيە دېڭىزى» ۋە «كىننەسەرەت كۆلى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان چوڭ كۆلدۇر.

**2:21** مات. 21:4؛ مار. 19:1؛ يۇھ. 46:1.

**5:21 «سىلەردە يېگۈدەك بىر نەرسە يوققۇ؟»** ــ گرېك تىلىدا «بېلىق تۇتتۇڭلارمۇ؟»

[6]ئەيسا ئۇلارغا ــ تورنى كېمىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تاشلاڭلار، شۇنداق
قىلساڭلار تۇتىسىلەر، ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تورنى شۇ ياققا تاشلاپ، شۇنداق كۆپ بېلىق
تۇتتىكى، ھەتتا تورنى تارتىپ چىقىرالماي قالدى. [7]ئەيسا سۆيگەن
مۇخلىس پېترۇسقا:
بۇ رەبقۇ! ــ دېدى.
سىمون پېترۇس ئۇنىڭ ئەيسا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تونىنى ئۆزىگە
يۆگەپ (چۈنكى بېلىنىڭ ئاستى يالىڭاچ ئىدى) ئۆزىنى دېڭىزغا تا
شلىدى. [8]قىرغاقتىن ئانچە يىراق ئەمەس بولۇپ، تەخمىنەن ئىككى
يۈز گەز يىراقلىقتا بولغاچقا، قالغان مۇخلىسلار بېلىق بىلەن
تولغان تورنى تارتىپ كىچىك كېمىسى بىلەن قىرغاققا كەلدى. [9]ئۇلار
قىرغاققا چىققاندا، شاخاردىن يېقىلغان، ئۈستىدە بېلىق قويۇقلۇق
گۈلخاننى ۋە ناننى كۆردى. [10]ئەيسا:
ئەمدى تۇتقان بېلىقىڭلاردىن ئەكېلىڭلار، ــ دېدى.
[11]سىمون پېترۇس كېمىگە چىقىپ، تورنى قىرغاققا تارتىپ چىقاردى.
تور چوڭ بېلىقلار بىلەن تولغان بولۇپ، جەمئىي بىر يۈز ئەللىك
ئۈچ بېلىق بار ئىدى. بېلىق شۇنچە كۆپ بولغىنى بىلەن، تور
يىرتىلمىغانىدى. [12]ئەيسا:

دېگەننى پۈرىتىدۇ.

6:21 **«تورنى كېمىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تاشلاڭلار، شۇنداق قىلساڭلار تۇتىسىلەر»** ــ گالىلىيە دېڭىزىدىكى بېلىقلار كۆندۈزى دېڭىز ئاستىغا چۆشۈۋالىدىغىنى تۈپەيلىدىن، شۇ ۋاقىتتا بېلىق تۇتۇش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**6:21** لۇقا 4:5، 6، 7.

**7:21** يـۇھ. 23:13؛ 2:20.

8:21 **«تەخمىنەن ئىككى يۈز گەز»** ــ يۈز مېتردەك.

**10:21** لۇقا 41:24.

11:21 **«بېلىق شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، تور يىرتىلمىغانىدى»** ــ بۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**11:21** لۇقا 5-6:5

كېلىڭلار، ناشتا قىلىڭلار، ــ دېدى. مۇخلىسلارنىڭ ئىچىدىن
ھېچكىم ئۇنىڭدىن:
سەن كىم بولىسەن؟ ــ دەپ سوراشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇلار
ئۇنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى بىلدى. 13 ئەيسا ناننى ئەكىلىپ ئۇلارغا
بەردى ھەم بېلىقلارنىمۇ شۇنداق قىلدى. 14 مانا بۇ ئەيسانىڭ
ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ، ئۆزىنى مۇخلىسلىرىغا ئۈچىنچى
قېتىم ئايان قىلىشى ئىدى.

## ئەيسانىڭ پېترۇسنىڭ ئۆزىدىن
## ئۈچ قېتىم تېنىشىدىن كېيىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى

15 ئۇلار ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئەيسا سىمون پېترۇستىن:
يۇنۇسنىڭ ئوغلى سىمون، سەن مېنى بۇلاردىنمۇ چوڭقۇر سۆيەمسەن؟
ــ دەپ سورىدى.
شۇنداق رەب، مېنىڭ سېنى سۆيىدىغانلىقىمنى سەن بىلىسەن! ــ
دېدى پېترۇس.
ئەيسا ئۇنىڭغا:

12:21 «**مۇخلىسلارنىڭ ئىچىدىن ھېچكىم ئۇنىڭدىن: ـــ سەن كىم بولىسەن؟ ـــ دەپ سوراشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى بىلدى**» ــ رەب ئەيسا ئۇلارغا تونۇش بولغان قىياپەتتىن باشقا بىرخىل قىياپەتتە ئۇلارغا كۆرۈنگەن بولسا كېرەك.
14:21 «**ئەيسانىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ**» ــ گرېك تىلىدا «ئەيسانىڭ ئۆلگەنلەر ئىچىدىن تىرىلىپ،...». «**ئۆزىنى مۇخلىسلىرىغا ئۈچىنچى قېتىم ئايان قىلىشى**» ــ بەلكىم ئون بىرەيلەننىڭ جەم بولغان ۋاقتىدا ئۇلارغا نىسبەتەن ئۈچىنچى قېتىمقى كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا، قوزىلىرىمنى ئوتلىتىپ باق! ــ دېدى.
[16] ئۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۇنىڭدىن:
يۇنۇسنىڭ ئوغلى سىمون، مېنى سۆيەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
پېترۇس يەنە:
شۇنداق، رەب، مېنىڭ سېنى سۆيىدىغانلىقىمنى بىلىسەن، ــ دېدى.
ئەيسا ئۇنىڭغا:
ئۇنداقتا، قويلىرىمنى باق، ــ دېدى.
[17] ئۈچىنچى قېتىم ئۇنىڭدىن يەنە:
يۇنۇسنىڭ ئوغلى سىمون، مېنى سۆيەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
پېترۇس ئەيسانىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۆزىدىن: «مېنى سۆيەمسەن؟» دەپ سورىغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ:
رەب، سەن ھەممىنى بىلىسەن، سېنى سۆيىدىغانلىقىمنىمۇ بىلىسەن، ــ دېدى.
ئەيسا ئۇنىڭغا:

---

15:21 **«يۇنۇسنىڭ ئوغلى سىمون»** ــ «يۇنۇس» ــ گرېك تىلىدا ۋە ئىبرانىي تىلىدا «يوناھ» (ئەرەبچە «يۇنۇس»). بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «يۇھاننا» دېيىلىدۇ. **«مېنى بۇلاردىنمۇ چوڭقۇر سۆيەمسەن»** ــ مۇشۇ سوئالدا «بۇلار» كىمنى بىلدۈرىدۇ؟ بىزنىڭچە ئەينى يەردە تۇرغان باشقا مۇخلىسلارنى كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە توختىلىمىز. **«مېنىڭ سېنى سۆيىدىغانلىقىمنى سەن بىلىسەن!»** ــ «سۆيىدىغانلىقىم» مۇشۇ يەردە ئادەتتە «دوست تۇتۇش» دېگەن بىر پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى گرېك تىلىدىكى «سۆيۈش»تىن ئاجىز بولغاچقا، بەزى ئالىملار پېترۇسنىڭ سۆزى «مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى «سۆيۈش» دېگىلى بولمايدۇ، پەقەت «دوست تۇتۇش» دېگىلى بولىدۇ» دېگەندەك كىچىك پېئىللىقنى بىلدۈرىدۇ ياكى بولمىسا پېترۇسنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيساغا بولغان مۇھەببىتىگە گۇمانى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز بۇ كۆزقاراشقا قايىلمىز.

**15:21** مات. 33-34:26

16:21 **«...رەب، مېنىڭ سېنى سۆيىدىغانلىقىمنى بىلىسەن»** ــ «سۆيىدىغانلىقىم» دېگەن سۆز 15-ئايەتتىكىدەك «دوست تۇتۇش» دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنداقتا، قويلىرىمنى ئوتلات. [18] بەرھەق، بەرھەق، ساڭا شۇنى ئېيتىپ
قويايكى، ياش ۋاقتىڭدا بېلىڭنى ئۆزۈڭ باغلاپ، قەيەرگە باراي دېسەڭ
شۇ يەرگە ماڭاتتىڭ؛ لېكىن ياشانغاندا، قوللىرىڭنى ئۇزىتىسەن ۋە
باشقا بىرسى سېنى باغلاپ، سەن خالىمايدىغان يەرگە ئېلىپ كېتىدۇ،
— دېدى.
[19] ئەيسا بۇ سۆزنى پېترۇسنىڭ قانداق ئۆلۈش ئارقىلىق خۇداغا
شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتتى.
ئاندىن، ئۇنىڭغا يەنە:
ماڭا ئەگەشكۈچى بولغىن، — دېدى.
[20] پېترۇس كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەيسا سۆيىدىغان مۇخلىسنىڭ
ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى (بۇ مۇخلىس كەچلىك تاماقتا
ئەيسانىڭ قۇچىقىغا يۆلىنىپ: «ئى رەب، سېنى تۇتۇپ بېرىدىغان
كىمدۇ؟» دەپ سورىغان مۇخلىس ئىدى). [21] پېترۇس ئۇنى كۆرۈپ،
ئەيسادىن:
ئى رەب، بۇ ئادەم كېيىن قانداق بولار؟ — دەپ سورىدى.

---

17:21 **«يۇنۇسنىڭ ئوغلى سىمون، مېنى سۆيەمسەن؟»** — «سۆيەمسەن» — ئەيسا بۇ قېتىم «سۆيۈش»نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن (15-ئايەتتىكى) «دوست تۇتۇش» دېگەن پېئىلنى ئىشلىتىدۇ. **«رەب، سەن ھەممىنى بىلىسەن، سېنى سۆيىدىغانلىقىمنىمۇ بىلىسەن»** — بۇ ئايەتتىكى «سۆيەمسەن؟» ۋە «سۆيىدىغانلىقىم» ئىككىسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «دوست بولۇش» دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**17:21** يـۇھ. 30:16؛ لۇقا 31-34:22

18:21 **«ياشانغاندا، قوللىرىڭنى ئۇزىتىسەن ۋە باشقا بىرسى سېنى باغلاپ، سەن خالىمايدىغان يەرگە ئېلىپ كېتىدۇ»** — بەزى كونا تارىخلار بويىچە، روسۇل پېترۇس ئاخىردا رەببى ئەيسادەك كرېستلەنگەن (رىم شەھرىدە).

**18:21** يـۇھ. 36:13؛ روس. 3:12؛ 2پېت. 14:1.

**19:21** 2پېت. 14:1.

20:21 **«پېترۇس كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەيسا سۆيىدىغان مۇخلىسنىڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى..»** — يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، «ئەيسا سۆيىدىغان مۇخلىس» روسۇل يۇھاننادۇر.

**20:21** يـۇھ. 23:13؛ 2:20؛ 7:21.

22 ئەيسا ئۇنىڭغا: ــ ئەگەر مەن قايتا كەلگۈچە ئۇنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى
خالىساممۇ، سېنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟! ماڭا ئەگەشكۈچى
بولغىن، ــ دېدى.
23 بۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلار ئارىسىدا «ھېلىقى مۇخلىس ئۆلمەيدۇ»
دېگەن گەپ تارقالدى. لېكىن ئەيسا پېترۇسقا: «ئۇ ئۆلمەيدۇ»
دېمىگەنىدى، بەلكى پەقەت: «ئەگەر مەن قايتا كەلگۈچە ئۇنىڭ
تۇرۇپ قېلىشىنى خالىساممۇ، سېنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟!»
دېگەنىدى.

## خاتىمە

24 بۇ ئىشلارغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى ھەمدە بۇ ئىشلارنى خاتىرىلىگۈچى
ئەنە شۇ مۇخلىستۇر. ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى
بىلىمىز.
25 ئەيسا بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئىشلارنىمۇ قىلغانىدى؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ
ھەممىسى بىر-بىرلەپ يېزىلغان بولسا، مېنىڭچە يېزىلغان كىتابلار
پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئۆزىگە سىغمايتتى!

---

24:21 يۇھ. 35:19.
25:21 يۇھ. 30:20.

# قوشۇمچە سۆز

## 1:1 «كالام»

«ھەممىدىن بۇرۇن «كالام» بار ئىدى؛ كالام خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم كالام خۇدا ئىدى».

رەببىمىز نېمىشقا «كالام» ياكى «خۇدانىڭ كالامى» دەپ ئاتىلىدۇ؟

يالغۇز مۇشۇ ئۇلۇغ ئىمىنىڭ ئۆزى ئۇستىدە ھەتتا مىڭلىغان كىتاب يېزىلغان دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. مۇقەددەس كىتابنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدىن خۇدا بارلىق مەۋجۇداتلارنى سۆز قىلىشى ئارقىلىق، قىسقىچە سۆزى بىلەن ياراتتى، دەپ ئۆگىنىمىز: —

«خۇدا: ــ «نۇر بولسۇن» دېدى. ۋە نۇر بولدى».

سۇلايمان پادىشاھ «خۇدا بارلىق شەيئىيلەرنى ئۆز دانالىقى بىلەن ياراتقان» دېگەن ۋەھيىنى بىزگە يەتكۈزىدۇ. «پەند-نەسىھەتلەر»دىكى 8-9-بابلاردا بۇ «دانالىق»نىڭ ئەمەلىيەتتە بىر زات ئىكەنلىكى بىزگە ئايان قىلىنىدۇ. يۇھاننا مۇشۇ يەردە بۇ زاتنىڭ يەنە «كالام» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

«يۇھاننا»دىكى مۇشۇ 1-بابتا «خۇدانىڭ كالامى»نىڭ خۇدالىق تەبىئىتى ئايان قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى ھېچ يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى خۇدا بىلەن ئەزەلدىن بىللە بولۇپ كەلگەندۇر. بۇ ئىش بولۇپمۇ 3-ئايەتتىن كۆرۈنىدۇ: —

«ئۇ ئارقىلىق بارلىق مەۋجۇداتلار يارىتىلدى ۋە بارلىق يارىتىلغانلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭسىز يارىتىلغان ئەمەس». بۇنداق دېيىشىنىڭ مەقسىتى، «كالام»نى ھېچ يارىتىلغان ئەمەس، دەپ چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، شۇنداقلا 1-ئايەتنى بىزگە چۈشەندۇرۇش ئۈچۈندۇر: —

«ھەممىدىن بۇرۇن «كالام» بار ئىدى؛ كالام خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم كالام خۇدا ئىدى».

بۇ بايان بىزگە چۈشىنىش تەس ياكى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس تۇيۇلغىنى بىلەن، لېكىن ئۇنىڭغا: ــ «ھەممىگە قادىر قاچان ئۆز سۆزىسىز بولغان؟» دېگەن بۇ سوئالنى قويساق، بەلكىم چۈشىنىشلىكرەك بولىدۇ. «خۇدا مەلۇم ۋاقىتلاردا ھېچنېمە ئويلىمايدۇ»

دېگىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش «خۇدا ئۆز سۆزىسىز مەۋجۇت تۇرىدۇ» دېيىشكە بولمايدۇ.
قانداقلا بولمىسۇن، چۈشەنسەكمۇ، چۈشەنمىسەكمۇ، ئاددىي ئىنسان بولغان بىزلەر خۇدانىڭ روھى بىلەن تولغان روسۇللىرى ئارقىلىق ئېيتقان ئۆزى توغرىسىدىكى بارلىق بايانلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشىمىز ھەم شۇ بايانلارغا تولۇق ئىشىنىشىمىز لازىمدۇر. ئىشەنسەك، ئاندىن كېيىن چۈشىنىمىز، دەپ قارايمىز.
«ئىبرانىيلارغا»نىڭ مۇئەللىپى مۇشۇ ئىشلارنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: —
«خۇدا بۇرۇنقى زامانلاردا ئاتا-بوۋىلارغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق تۈركۈم-تۈركۈم بويىچە ۋە نۇرغۇن يوللار بىلەن سۆز قىلغان بولۇپ، مۇشۇ ئاخىرقى كۈنلەردە بولسا بىزگە ئوغلى ئارقىلىق سۆزلىدى. ئۇ ئوغلىنى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ مىراسخورى قىلىپ بېكىتكەن، ئۇنىڭ ئارقىلىق كائىناتلارنى ياراتقان» («ئىبر.» 1:1-2).
بۇ ئىشلاردىن ھەم سۆزلەردىن خۇدا بىز بىلەن شەخسەن ئالاقە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاغزى بىلەن ئېيتقان سۆزلەر ئارقىلىق ئۇ «ئىنسانلار مېنىڭ بىلەن تولۇق ئالاقىدە بولسۇن» دېگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ھەتتا ئۆزىنى بىزگە «تىرىك كالام» بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولدى. بۇ تىرىك كالام «ئىنسان بولدى» (14:1) ۋە ئۇ: «مېنى كۆرگەن كىشى ئاتىنى كۆرگەن بولىدۇ» (9:14) دېگەنىدى. ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرى ھەمدە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، ئەمەللىرى خۇدانىڭ دەل قانداق بىر خۇدا ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 3-باب 3-8-ئايەتلەر

«يۇقىرىدىن تۇغۇلۇش» ياكى «قايتىدىن تۇغۇلۇش» ياكى «سۇدىن ھەم روھتىن تۇغۇلۇش»

باشقا يەرلەردە (مەسىلەن ئەزاكىيال ۋە يەرەمىيا پەيغەمبەرلەردىكى «قوشۇمچە سۆز»نەمزدە) بىز خۇدانىڭ قەدىمكى خەلقىگە ۋەدە قىلغان، ئۇلار بىلەن تۈزمەكچى بولغان «يېڭى ئەھدە»سى توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالدۇق. شۇ «يېڭى ئەھدە» بويىچە ئادەملەر روھىي ھاياتقا ئىگە بولۇپ، شۇ ھايات ئارقىلىق خۇدانىڭ ئالاقىسىدە ياشىيالايتتى. ئۇنداق يېڭى ھاياتتا خۇدانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ تىرىشىپ-تىرمىشىشى

كېرەك ئەمەس بولدۇ؛ خۇدا ئۆزى بىزلەردە ياشىشى بىلەن ئۆز-ئۆزىنى خۇرسەن قىلىدۇ. روسۇل پاۋلۇس بۇ ئەھدىنىڭ ئۆزىدە بولغان ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىپ: ــ «مەن مەسىھ بىلەن بىللە كرېستلەنگەنمەن، لېكىن مانا، ياشاۋاتىمەن! لېكىن ياشاۋاتقىنى مەن ئەمەس، بەلكى مەندە تۇرۇۋاتقان مەسىھدۇر. ۋە مېنىڭ ھازىر ئەتلىرىمدە ياشاۋاتقان ھايات بولسا، مېنى سۆيگەن ۋە مەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ ئىمان-ئېتىقادىدىندۇر» ــ دەيدۇ («گال.» 2:20).

يۇھاننا 3-بابتا خاتىرىلەنگەن، رەببىمىزنىڭ نىكودىمغا ئېيتقان سۆزلىرى شۇ روھىي ھاياتنىڭ ئادەمدە باشلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇنداق «تۇغۇلۇش» جىسمانىي تۇغۇلۇشقا ئوخشاش ئەمەلىي ۋە روشەن بولىدۇ؛ پەقەت ئۇ ئادەمنىڭ تېنىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھىدا يۈز بېرىدۇ. شۇ تۇغۇلۇش بولغاندىن كېيىن بىر كىشىنى «يۇقىرىدىن تۇغۇلغان» ياكى «قايتىدىن تۇغۇلغان» دېگىلى بولىدۇ.

رەببىمىز «بەرھەق، بەرھەق، مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھەم سۇدىن، ھەم روھتىن تۇغۇلمىغىچە، ھېچكىم خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلمەس!» دېگەن ئىبارە بىلەن نېمىنى كۆرسەتتى؟

بۇ سۆز قارىتىلغان كىشى نىكودىم ئىدى. ئۇ كىم؟ ئۇ پەرىسىي، يەنى يەھۇدىي خەلقى ئىچىدە مۇقەددەس قانۇندا ئەڭ قاتتىق تۇرىدىغان مەزھەپتىن ئىدى. رەببىمىزنىڭ ئۇنى «سەن ئىسرائىلنىڭ ئۆلىماسى تۇرۇپ ...سەن؟» دېگىنى ئۇنىڭ ئاز دېگەندىمۇ يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى ئىچىدە ئەڭ بىلىملىك ئادەملەردىن بىرى (ھەتتا ئەڭ بىلىملىك ئادەمنىڭ ئۆزى) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى ئەيسانىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزلىرىگە يەنە قارايلى: ــ

«سەن ئىسرائىلنىڭ ئۆلىماسى تۇرۇپ، بۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ بەرھەق، بەرھەق، مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بىز بىلگىنىمىزنى ئېيتىمىز ۋە كۆرگىنىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىمىز، لېكىن سىلەر بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىزنى قوبۇل قىلمايسىلەر. سىلەرگە زېمىندىكى ئىشلارنى ئېيتسام ئىشەنمىگەن يەردە، ئەرشتىكى ئىشلارنى ئېيتسام قانداقمۇ ئىشىنىسىلەر؟».

بىرىنچى سوئال، 11-ئايەتتىكى «بىز» كىمنى كۆرسىتىدۇ؟ بىزنىڭچە رەببىمىز مۇشۇ

سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئۇلۇغ «جار قىلغۇچى» يەھيا پەيغەمبەر (ۋە شۇنداقلا بەلكىم باشقا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر) بىلەن بىرلىكنى ئىپادىلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلايمىز.

ئىككىنچى سوئال، نېمىشقا رەببىمىز داۋقىي چىققان بۇ ئۆلىما نىكودىمغا شۇنداق قاتتىق تەنبىھ تەلەپپۇزى بىلەن سۆز قىلىدۇ؟

بىز رەببىمىزنىڭ يەھۇدىي ئاقساقاللار ۋە باش كاھىنلار بىلەن بولغان سۆزلىشىشلىرىدىن («مات.» 21:23-27) ئېنىق كۆرىمىزكى، بۇ ئادەملەر يەھيانىڭ «گۇناھلارغا كەچۈرۈم ئېلىپ كېلىدىغان، توۋا قىلىشنى بىلدۈرىدىغان» سۇغا «چۆمۈلدۈرۈش»» خەۋىرىنى («لۇقا» 3:3) رەت قىلىپ، ئۇنىڭ «چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلمىغانىدى. ئۇلار بىرىنچىدىن، ئۆزلىرىنى ھەققانىي ئادەملەر دەپ قاراپ، «يەنە نېمە ئىشلارغا توۋا قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى بار» دەپ ئويلايدۇ. ئىككىنچىدىن، «خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېكىتكەن، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى «قۇربانلىق تۈزۈمى»دىن ھالقىپ، سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟»، «ئىنسان گۇناھ قىلسا، خۇدا ئەسلىدە بېكىتكەن بۇ قۇربانلىقلار ئارقىلىق كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ، پاك قىلىنىدىغۇ؟!»، دەپ ئويلاپ، ئىبادەتخانىدىن چىقىپ، يېرۇسالېمنى تاشلاپ، چۆل-باياۋانغا ئۇزۇن سەپەر قىلىپ تۆگە تېرىسى بىلەن كىيىنگەن، چېكەتكە ۋە ھەرە ھەسلى يەيدىغان مۇشۇنداق ياۋايى بىر كىشىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېگەنىدى.

نىكودىمنى يەھيانىڭ گۇۋاھلىقىغا ئىشەنمىگەن بۇ تۈركۈم ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بار، دەپ قارايمىز؛ شۇنىڭ بىلەن رەببىمىز بۇ ئەڭ ئاساسىي خەۋەرنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىدۇ: —

«سىلەرگە زېمىندىكى ئىشلارنى ئېيتسام ئىشەنمىگەن يەردە، ئەرشتىكى ئىشلارنى ئېيتسام قانداقمۇ ئىشىنىسىلەر؟»

شۇ سەۋەبتىن «سۇدىن ۋە روھتىن تۇغۇلۇش»تىكى سۇنى بولسا، مۇشۇ يەردە يەھيا پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن «چۆمۈلدۈرۈش» سۈيى دەپ قارايمىز. بۇ سۇ توۋا قىلىشنى ۋە خۇدانىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىشنى بىلدۈرىدۇ (خۇدانىڭ سۆزى بەزى ۋاقىتتا ««داسنىڭ سۈيى» بولغان سۆز-كالام» دەپ ئاتىلىدۇ «ئەف.» 5:26). نىكودىم «ئىسرائىلنىڭ ئۆلىماسى» بولۇپ، خۇدانىڭ يەرەمىيا ۋە ئەزاكىيال پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئايان قىلغان «يېڭى ئەھدە»سىدىكى روھىي ھايات توغرۇلۇق ۋەدىلىرىنى، شۇنداقلا شۇ روھىي ھاياتنىڭ مۇتلەق زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلىشى كېرەك ئىدى.

بىرسى بۇ ھەقىقەتنى ئىنتايىن ئاددىي سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەن: —
«ئەگەر شۇ دەسلەپكى ئەھدە (يەنى مۇسا ئارقىلىق كەلگەن مۇقەددەس قانۇن) كەم-كۈتىسىز بولسا ئىدى، كېيىنكىسى (ئىككىنچىسى، يېڭىسى) ئۈچۈن ئورۇن ئىزدەشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى بولمىغان بولاتتى» «ئىبر.» 7:8.
نىكودىم يېڭى ئەھدىدىكى روھىي ھاياتقا ئېرىشىشكە «سۇدا چۆمۈلدۈرۈش» دېگەن بىرىنچى قەدەمنى بېسىشقا رازى بولمىغان يەردە، قانداقمۇ ئۇنىڭدا ئەھدىنىڭ ئىككىنچى قىسمى، يەنى «روھتىن تۇغۇلۇش» بولسۇن؟
ئەمەلىيەت بۇگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق. روھتا تۇغۇلۇش، يەنى روھىي ھاياتقا ئېرىشىش توۋا قىلمىغان ياكى خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنمىغان كىشىدە ھەرگىز بولمايدۇ. خۇدا «روھىمنى سۇغا چۆمۈلدۈرۈلمىگەن كىشىگە بەرمەيمەن» دېمىگەن؛ لېكىن ئۆزى ئەمر قىلغاندەك سۇغا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا، شۇنداقلا خەلق-ئالەم ئالدىدا مەسىھكە بولغان ئېتىقادىنى ئېتىراپ قىلىشقا نارازى بولغان كىشىگە بولسا ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنى ھەرگىز ئاتا قىلمايدۇ، دەپ ئىشىنىمىز («مار.» 16:16).
«ئەفەسۇسلۇقلارغا»، «كولوسسىلىكلەرگە» ۋە «پېترۇس (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە «چۆمۈلدۈرۈش» توغرىسىدا قىلغان بايانلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

(ئىزاھات: — 11-ئايەتتىكى «بىز» توغرۇلۇق بەزى ئالىملار ئەيسانىڭ بۇ سۆزى ئۆزىنى ھەم ئاتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۆزى ھەم خۇدا توغرۇلۇق سۆزلىگەن كىشى «بىز» دەپ ئېيتسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنى خۇداغا ھەمراھ قىلغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ھەتتا مۇسا پەيغەمبەرمۇ ئۆزىنى خۇدا بىلەن يېقىن ئالاقىدە قويۇپ «بىز» (يەنى، «خۇدا ۋە مەن»، دېمەكچى) دېسە بولمايتتى («چۆل.» 10:20-12 ۋە «قان.» 51:32). ھالبۇكى، رەببىمىز شۇنداق دېيەلەيتتى، دەپ قارايمىز («يۇھ.» 20:17-22). شۇنداقتىمۇ، رەببىمىز خىزمىتىنىڭ بۇ ئاۋۋالقى باسقۇچلىرىدا «بىز» دېگەن سۆز بىلەن ئۆزى بىلەن خۇدانى كۆرسەتكەن بولسا، نىكودىمغا چۈشىنىشلىك بولاتتىمۇ؟ بىز ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك بولمايتتى، دەپ قارايمىز).

## مول ھوسۇل ئۈچۈن كىم «تېرىغۇچى»؟ (4:35-38)

«سىلەر: «ھوسۇل يىغىشقا يەنە تۆت ئاي قالدى» دەۋاتامسىلەر؟ مانا، سىلەرگە ئېيتايكى، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ ئېتىزلارغا قاراڭلار، زىرائەتلەر سارغىيىپ ئورۇشقا تەييار بولدى! ۋە ئورمىچى ئىش ھەققىنى ئالىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا توپلانغان ھوسۇلنى يىغىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېرىغۇچى بىلەن ئورمىچى تەڭ شادلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشتا «بىرى تېرىيدۇ، يەنە بىرى يىغىدۇ» دېگەن سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. مەن سىلەرنى ئۆزۈڭلار ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن ھوسۇلنى يىغىشقا ئەۋەتتىم؛ باشقىلار ئەمگەك قىلدى ۋە سىلەر ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى ئېلىشقا نېسىپ بولدۇڭلار».

بۇ ئايەتكە بەرگەن ئىزاھاتىمىزنى قايتىلايمىز: ــ مەسىھنىڭ بۇ سۆزى بويىچە، كىم «تېرىغان»؟ بىزنىڭچە ئۇلار: (1) تەۋرات دەۋرىدىكى خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى، بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەر؛ (2) پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئۇلارنى كۆچۈرگەن ۋە ئىسرائىللارغا (شۇنداقلا سامارىيەلىكلەرگىمۇ) ھەم ئۆگەتكەن، خۇداغا سادىق بولغان تەۋرات ئۇستازلىرى؛ (3) يەھيا پەيغەمبەر ۋە مۇخلىسلىرى بولسا كېرەك. بۇ ئۈچ تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خەلققە خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئامانەت قىلىپ قالدۇرۇپ، ئۇلارنى مەسىھنىڭ كېلىشىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا تەييارلىغانىدى. (4) بۇلاردىن باشقا يەنە مەسىھنىڭ ئۆزىمۇ «تېرىغۇچى» ئىدى.

مەسىھنىڭ تېرىغىنى (1) ئىسرائىلغا خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى تېرىشى؛ (2) ئۆزىنى «ئۇرۇق»تەك پىدا قىلىپ، قۇربانلىققا تېرىشى ئىدى. ئىككىنچى «تېرىش» ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئۇلۇغ «تېرىش» بولۇپ، پۈتكۈل دۇنيا ئۈچۈن خۇداغا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشقا يول ئاچقانىدى. «يۇھ.» 24:12دە كۆرسىتىلگەنىكى ــ «بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇغداي دېنى تۇپراق ئىچىگە چۈشۈپ ئۆلمىگۈچە، ئۇ ئۆزى يەنىلا يالغۇز قالىدۇ؛ لېكىن ئۆلسە، مول ھوسۇل بېرىدۇ».

مۇقەددەس روھ ئۆزلىرىگە كەلگەندىن كېيىن روسۇللار بۇ «تېرىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇلار خۇش خەۋەرنى

دەسلەپكى ۋاقىتلاردا جار قىلىشلىرى بىلەنلا، زور «ھوسۇل»نى ئورغان. مەسىلەن، «روس.» 41:2دە 3000 كىشى، 4:4دە 5000 ئەركەك كىشى ئېتىقاد قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

رەببىمىزنىڭ «تېرىغۇچى»لار توغرۇلۇق بۇ سۆزلىرى «يۇھاننا» 4-بابتا خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەر بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە. كېيىن سامارىيە شەھىرىدە ۋە ئەتراپىدا فىلىپنىڭ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن كۆپ ئادەملەر مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشى بىلەن شۇ يەردىمۇ «مول ھوسۇل» بولغان («روس.» 1:8-25).

سامارىيەدە بولغان بۇ «مول ھوسۇل»نىڭ تېرىغۇچىسى شۈبھىسىزكى، رەببىمىز ئۆزىدۇر. «يۇھاننا» 4-بابتا خاتىرىلەنگەندەك، ھوسۇلنىڭ ئۇرۇقى بولسا دەل ئۇنىڭ يالغۇز بۇ ھاجەتمەن سامارىيەلىك ئايال بىلەن بولغان سۆزلىشىشىدىن ئىبارەت، خالاس.

## 11:10، 14 «ياخشى پادىچى ئۆزۈمدۇرمەن»

«ياخشى پادىچى» ۋە باشقا «قويچىلار» توغرۇلۇق

گرېك تىلىنى ئۆگەنگەنلەر بىلىدۇكى، بۇ سۆزلەر رەببىمىزنىڭ «مەن بىردىنبىر ياخشى قويچى» دېگەن مەنىنى روشەن كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تەۋراتتىكى «يەر.» 1:23-8 ۋە «ئەزاكىيال» 34-بابتا ئېيتىلغان بېشارەتلەردە دەل ئالدىن ئېيتىلغان پادىچى بولغانلىقىنى كۆرسەتكەن، دەپ ئىشىنىمىز. تەۋراتتىكى بۇ ئىككى قىسىمدا خۇدا «ئىسرائىلنى بېقىش» ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولغان «قويچىلار»نى، يەنى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى، كاھىنلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار بېقىشنىڭ ئورنىدا ھوقۇقلىرىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەتكەنىدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، خۇدا يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق: (1) ئۆزىنىڭ ئىسرائىلنى بېقىش ئۈچۈن داۋۇتنىڭ نەسلىدىن بولغان «ھەققانىي شاخ» دەپ ئاتىلىدىغان بىرسىنى تۇرغۇزىدىغانلىقىنى؛ (2) شۇنداقلا، ئىسرائىلنىڭ بۇ كىشىنى «پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىمىز» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەزاكىيال ئارقىلىق پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ كېلىپ ئىسرائىلنى باقىدىغان قويچى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا، رەببىمىزنىڭ «ياخشى قويچى ئۆزۈمدۇرمەن» دېگەن مۇشۇ بايانى: — (1) ئىسرائىلغا قويچى بولۇشقا تېگىشلىك بولغانلارنى (ئىسرائىلنىڭ كاھىنلىرى ۋە ئۇستازلىرى،

يەنى پەرىسىيلەر ھەم سادۇقىيلارنى) ئەيىبلەش؛ (2) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ خۇدالىق تەبىئىيىتىنى كۆرسىتىشى ئىدى.

مەسىھنىڭ سۆزلىرى يەنە «ھەقىقىي قويچى» ۋە ئۇنىڭ ئەمەللىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى كۆرسەتكەن تەۋراتتىكى باشقا بېشارەتلەر بىلەن باغلىقتۇر — «زەبۇر» 23-كۈي، 1:80، «يەش.» 11:40، «مىك.» 1:5-4 ۋە «زەك.» 7:13 ۋە باشقىلار. ئوقۇرمەنلەر ئۆزى مۇشۇلارنى كۆرۈپ بېقەلەيدۇ.

## (35:11) نېمىشقا ئەيسا لازارۇسنىڭ قەبرىسى ئالدىدا كۆز يېشى قىلدى؟

بىز رەببىمىزنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەنسەكمۇ، چۈشەنمىسەكمۇ، ھەربىر ھېسسىيات ئىگىسى ئۇنىڭ دوستى لازارۇسنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە كۆز يېشى قىلغانلىقىنى ئوقۇغىنىدا تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. بۇ ئىشتا رەببىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى سېزىمىز ۋە شۇنداقلا قەلبىمىزدە خۇدا بىزنىڭ دەرد-ئەلەملىرىمىزنى بىز ئويلىمىغان دەرىجىدە چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، دېگەن بىر ئۈمىد پەيدا بولىدۇ.

بۇنداق سېزىمگە كېلىشىمىز توغرىدۇر. 33:11دە ۋە 38دە رەببىمىزنىڭ «روھىدا قاتتىق پىغان چېكىپ، كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولغانلىقى» توغرۇلۇق ئوقۇيمىز. گرېك تىلىدا «پىغان چېكىش» بەزىدە «زور غەزەپلىنىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بەزى ئالىملارنىڭ: «رەببىمىز لازارۇسنىڭ ئۆلۈشى ۋە دەپنە قىلىنىشىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى كۆرگەن — دېمەك، ئۇلارنىڭ شەيتاننىڭ ئالدامچىلىقى بىلەن گۇناھقا تېيىلىپ كېتىشى ۋە بۇنىڭدىن چىققان بارلىق گۇناھلىرى، ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ۋە ئۆلۈمنى بىر دەقىقىلا كۆرۈپ، بۇ پاجىئەگە قاتتىق غەزەپلەنگەن» دېگىنى شۈبھىسىزكى، خاتا ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ تېيىلىپ كېتىشىنى تۈگىتىش، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش مەسىھنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىنىڭ تۈپ تۈرتكىسى ۋە مەقسەت-مۇددىئاسى ئىدى. كرېستتىكى ئۆلۈمى بولسا بۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ۋە غەلىبىسىدۇر.

ئەمما ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىدا يەنە باشقا ئامىللار بارمىدۇ؟

بەزىلەر ئەيسانىڭ كۆز يېشى مارتا، مەريەم ۋە ماتەم تۇتقان باشقا يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىدىكى ئېتىقادسىزلىقىدىن بولغان ئازاب-ئوقۇبەتتى تۆپەيلىدىن ئىدى، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ

دېمەكچى بولغىنى، مارتا، مەريەم قاتارلىقلار خۇدا كەلگۈسىدە ئۆزىگە سادىقلارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنمىدى. ئەمما بىزنىڭچە، مارتانىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا (24-ئايەت) ئۇ بۇ ھەقىقەتتىن گۇمانلانغان ئەمەس.

دەرۋەقە، باشقا بىرسىنىڭ ئۆلۈمىگە يۈزلەنگىنىدە، يەنى يائىرۇسنىڭ كىچىك قىزىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈشكە ماڭغاندا («ماتتا» 9-، «ماركۇس» 5-، «لۇقا» 8-باب) ئەيسا ھازا تۇتقۇچىلاردىن «نېمىشقا يىغلايسىلەر؟ ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇغۇ» دەپ ئەيىب تەرزىدە سورىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى مازاق قىلغان («مار.» 39:5). شۇ سورۇندىكىلەردە، شۈبھىسىزكى، سەۋەبي باللار ئۆلگەندە، روھلىرى خۇدانىڭ دەرگاھىغا ھايالسىز بارىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىدىغان ئىمانسىزلىق مەۋجۇت ئىدى.

چۈنكى ئىنسانلارنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا ئىككى خىل يىغلاش باردۇر. بەزىلىرى ئۈمىدسىزلىكتىن «ئۆلگۈچى زادى قەيەرگە بارىدىغاندۇ؟» دەپ يىغا-زار قىلىشىدۇ. يەنە بەزىلەر «سۆيۈملۈك ئادىمىمىز مەسىھكە ئېتىقادىنى باغلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ روھى بۇ دۇنيادىن كەتكەندە مەسىھ بىلەن بىللە ئارامدا بولىدۇ» دەپ بىلىپ، يىغلىشى مۇمكىن. بۇ ھەر ئىككىلىسىدە نورمال جۇدالىق ئەلىمى مەۋجۇتتۇر. بۇنداق ئىشنى روسۇللىرىمىزدا كۆرەمەدۇق؟ پاۋلۇس قەدىرلىك دوستى ئېپافرودىتنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ: —

«ئۇ دەرۋەقە كېسەل بولۇپ ئەجەلگە يېقىنلىشىپ قالدى؛ لېكىن خۇدا ئۇنىڭغا رەھىم قىلدى؛ ھەم مېنىڭ دەردىمنىڭ ئۈستىگە دەرد بولمىسۇن دەپ يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئەمەس، بەلكى ماڭىمۇ رەھىم قىلدى»

— دەيدۇ («فىل.» 27:2). ئېپافرودىت ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، پاۋلۇس ئۇنىڭ كېتىشىگە يىغلىماسمىدى؟ ئۆزىگە يېقىن بولغانلاردىن، ھەتتا قىسقا ۋاقىت ئايرىلىپمۇ، ئۇ دەرد-ئەلەمدە قالمىغانمىدى؟ («1تىس.» 17:2) ۋە ئەگەردە بۇنداق ئايرىلىش قەبرە بىلەن بولغان بولسا قانداق بولاتتى؟

تېسالونىكالىقلارنىڭ جامائىتىگە ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىن كەتكەن سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرى توغرۇلۇق روسۇل پاۋلۇس مۇنداق يازىدۇ: —

«ئەي قېرىنداشلار، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان باشقا ھەممىسىدەك، ئاراڭلاردىكى ئۆلۈمدە ئۇخلاپ قالغانلارغا قايغۇرۇپ ھەسرەت چەكمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھالى توغرۇلۇق خەۋەرسىز

قىلىشقىلارنى خالىمايمىز» (13:4). شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزلەردىن ئۇنىڭ «ھېچ ماتەم قىلىپ يىغلىماڭلار» دەپ ئەمەس، بەلكى «ئېتىقادسىزلاردەك ماتەم قىلىپ يىغلىماڭلار» دېگەنلىكىنى چۈشىنىمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ روھى مەسىھنىڭ ھۇزۇرىدا مەڭگۈلۈك شادلىق ۋە ئاراملىققا ئۆتتى، دەپ بىلىپ ئېتىقادتا ئۆلگەنلەر ئۈچۈن خۇشال بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ؛ لېكىن ئۆزىمىز ئۇلاردىن ۋاقىتلىق جۇدا بولغاچقا ئەلۋەتتە قايغۇرىمىز. بىز كۆپ باشقا ئەھۋاللاردا ئوخشاشلا كۆز يېشى قىلغان ھالدا خۇشال بولۇشىمىز مۇمكىن؛ خۇددى روسۇل پاۋلۇسنىڭ بىر قېتىم ئېيتقىنىدەك: «دەرد-ئەلەم تارتقىنىمىز بىلەن، ئەمما دائىم شاد-خۇراملىقتا تۇرىمىز» («2كور.» 10:6).

ئەمدى رەببىمىزنىڭ كۆز ياشلىرى نېمە سەۋەبتىن چىققان؟ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇنىڭ بۇ كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ مارتا، مەريەم قاتارلىقلارنىڭ خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنى قايتىدىن تىرىلدۈرىمەن دېگەن ۋەدىسىگە بولغان قانداقتۇر بىرخىل ئىشەنمەسلىكىدىن ئەمەس ئىدى.

بىز ئەيسا «سەن سۆيگەن دوستۇڭ كېسەل بولۇپ قالدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لازارۇسنىڭ ئەھۋالى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىككى سۆيۈملۈك ھەدىسىنىڭ ھالى ئەيسانىڭ كۆڭلىدىن بىر دەقىقە چىقىپ كەتكەن، دەپ خىيال قىلىپ قالامدۇق؟ ھالبۇكى، بىز بىرگە غەلىتە تۇيۇلىدىغان مۇنداق سۆزلەرنى ئوقۇيمىز: —

«ئەيسا مارتا، سىڭلىسى ۋە لازارۇسنى تولىمۇ سۆيەتتى. شۇڭا ئۇ لازارۇسنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدا يەنە ئىككى كۈن تۇردى» (5-6-ئايەت).

ئۇ مۇخلىسلىرىغا چۈشەندۈرۈپ: —

«بۇ كېسەلدىن ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، بەلكى بۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ ئوغلى ئۇلۇغلىنىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئايان قىلىنىدۇ»، دەيدۇ (4-ئايەت). ئۇ ئۆزى نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن 6-ئايەتتە: «شۇڭا ئۇ لازارۇسنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدا يەنە ئىككى كۈن تۇردى» دېگەنلەرنى ئوقۇيمىز. ئۇ: «مارتا ۋە مەريەمنىڭ ئىنىسىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈشۈمدىن بولىدىغان خۇشاللىقى مەن ھازىر بېرىپ، ئىنىسىنى كېسەلدىن ساقايتىشىمدىن بولىدىغان خۇشاللىقىدىن كۆپتىن كۆپ زىيادە بولىدۇ» دەپ بىلەتتى. ھالبۇكى، ئۇ دوستىنىڭ كېسەل ئازابلىرى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتقان ئىككى ھەدىسىنىڭ

دەرد-ئەلەملىرى، دوستىنىڭ سەكراتتا بولغان ئازابلىرى ۋە ئاخىردا ھەدە-سىڭلىنىڭ ئۇنى يەرلىككە قويغاندا بولغان قايغۇسىنى ئويلىسا، ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەمتى؟ ئەمدى ھازىر سۆيۈملۈك مارتا ۋە مەريەمنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن غەم-قايغۇ ۋە ئىنىسىدىن جۇدا بولغىنىدىن ھازىر بولغان قايغۇسىنى سەزگەندە ئۇ تەسىرلەنمەي قالامتى؟ ئەيسانىڭ يىغلىشى ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ قايغۇسى بىلەن تولۇق بىر ئىكەنلىكىنى بىزگە كۆرسەتمەمدۇ؟ گەرچە ئۇلار ھازىرلا زور خۇشاللىققا چۈمۈپ كېتىدىغان بولسىمۇ، شۇ خۇشاللىق يېرىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار «يىغلاش جىلغىسى»دىن ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

ئۇنداقتا، خۇدا گەرچە ئۆزىنىڭ نامەلۇم، ھەتتا چۈشەندۈرگۈسىز سەۋەبلىرى بىلەن ئۆز مۇقەددەس بەندىلىرىنى ھەرخىل ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە سىناقلاردىن ئۆتكۈزىدىغان بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ تارتقان بارلىق ئوقۇبەتلىرىمىزدە بىز بىلەن بىللە بولۇپ، بىز بىلەن تەڭ ئازابلىنىدۇ (ھەتتا بىز ئازابلانغان دەرىجىدىن ئارتۇق ئازابلىنىدۇ) دەپ ئىشەنمەمدۇق؟ («يەش.» 5:63). چۈنكى مەسىھنى كۆرگەن ئادەم ئاتىنى كۆرگەنمۇ بولىدۇ. ۋە بۇنداق ئېتىقادتا بىباھا تەسەللى بولمامدۇ؟ بۇنداق ئېتىقادتا لازارۇس، مارتا ۋە مەريەم كۆرگەندەك، خۇدانىڭ يولىدا «بىزنىڭ بىر دەقىقىلىك ۋە يېنىك جاپا-مۇشەققەتلىرىمىز»نىڭمۇ ئۇلۇغ، شان-شەرەپلىك نەتىجىسى بولىدۇ، دېگەن ئۈمىدىمىز بار بولمامدۇ؟ («2كور.» 17:4).

## 12:20-21 نېمىشقا ئەيسا ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن گرېكلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى لايىق كۆرمەي، شۇ ۋاقىتتا مۇنداق سىرلىق سۆزلەرنى ئېيتتى: -

«ئىنسانئوغلىنىڭ شان-شەرەپتە ئۇلۇغلىنىدىغان ۋاقىت-سائىتى يېتىپ كەلدى. بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇغداي دېنى تۇپراق ئىچىگە چۈشۈپ ئۆلمىگۈچە، ئۇ ئۆزى يەنىلا يالغۇز قالىدۇ؛ لېكىن ئۆلسە، مول ھوسۇل بېرىدۇ» (23-24)؟.

رەببىمىزنىڭ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا كەلگەن بۇ گرېكلەر (شۈبھىسىزكى، تەۋرات ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغان گرېكلەر)نىڭ ئۆزىنى ئىزدىگىنىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە خۇشال بولغانلىقىغا گۇمان قىلمايمىز. لېكىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ ئىش ئۇنىڭ ۋاقتى-سائىتى

كەلگەنلىكىگە يەنە بىر ئىشارەت ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى: «مەن پەقەت يولدىن تېنىگەن قوي پادىلىرى بولغان ئىسرائىل جەمەتىدىكىلەرگە ئەۋەتىلگەنمەن» دېگەنىدى («مات.» 15:24). شۇڭا بۇ ئىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ھازىر تاماملىنىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىدىن ئېنىقكى، مەسىھنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ «يات ئەللەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر)گە بولغان ئىككىنچى قىسمى ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ؛ دېمەك، مەسىھ روھى بىلەن خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق نىجاتنى يات ئەللىكلەرگە جاكارلايدۇ. «ئەف.» 17:2، «زەب.» 22:21-31، 96-، 98-، 100-كۈيى، «يەش.» 42:6-12، 49:1-5 ۋە باشقىلارنى كۆرۈڭ.

شۇنىڭ بىلەن ئەيسا خۇدانىڭ شۇ نىجات پىلانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى يېتىپ كەلدى، دەپ بىلگەچكە، «بۇغداي دېنى تۇپراق ئىچىگە چۈشۈپ... ئۆلۈشى كېرەك...» دېگەن سۆزلەرنى ئېيتتى. ئۇ ئۆلسە، روھ كېلىدۇ؛ روھ كەلسە روسۇللىرى ۋە مۇخلىسلىرى نىجاتنى بارلىق ئەللەرگە (جۇملىدىن ھازىر «بىز ئەيسا بىلەن كۆرۈشسەك...» دېگەن مۇشۇ گرېكلەرگە) جاكارلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى باشلايدۇ. مۇشۇ گرېكلەر دەرۋەقە «ئەيسا بىلەن كۆرۈشىدۇ» ــ بىراق روھىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، پەقەت مەسىھ خۇدا ئۆزىگە تاپشۇرغىنىغا ئۆلۈم ئارقىلىق تولۇق ئىتائەت قىلسا، ئاندىن بۇ ئىمكانىيەت بولاتتى.

مۇشۇ يەردە يەنە ئېيتماقچىمىزكى، رەببىمىز مۇشۇ يەردە باشقىلارنى شەيتاننىڭ پادىشاھلىقىدىن قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا روھىي ھاياتتا مۇستەھكەم قىلىشقا بىردىنبىر يولنى بىزگە ئاشكارە قىلدى. بىز باشقىلارنىڭ نىجات تېپىشى ئۈچۈن مەسىھ ئۆزى قىلغاندەك، ئۆزىمىزنى پىدا قىلىپ «بۇغداي دېنى يەرگە چۈشۈش»كە رازى بولۇشىمىز لازىمدۇر.

31:12 «ئەمدى دۇنيانىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىلىش ۋاقتى كەلدى» قايسى تەرەپتە «دۇنيانىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىلىش ۋاقتى كەلدى» ۋە شۇنداقلا «ھازىر بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ تاشقىرىغا قوغلىنىش ۋاقتى كەلدى»؟ شەيتان ھازىرمۇ دۇنيادا كۆپ ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ تېخىچە ئۆزىنىڭ «ئەللەرنى ئازدۇرۇش»تىن ئىبارەت رەزىللىكىنى داۋام قىلمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئاخىرقى

سوراققا تارتىلىشى مۇقەددەس يازمىلاردا، بولۇپمۇ ئىنجىلنىڭ «ۋەھيي» قىسمىدا ئايان قىلىنىدى، ئەلۋەتتە؛ بىراق روشەنكى، ئۇنىڭ مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق سەلتەنىتى ئۇچۇن «باغلىنىش»ى ۋە ئاخىر بېرىپ «ئوت كۆلى»گە تاشلىنىشى پەقەت مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتا كېلىشىدىن كېيىنلا بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، رەببىمىز يۇقىرىقى بۇ باياننى بىلەن كرېستتىكى ئازابى ۋە ئۆلۈمىنىڭ نەتىجىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. مەسىھنىڭ بۇ باياننى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن بىزمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ۋە نەتىجىسىنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن «دۇنيانىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىلىش» يۈز بېرىدۇ. بۇنداق «ھۆكۈم چىقىرىلىش»نى مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى «سوراق تەختى» ئالدىدا ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىدىغان ھۆكۈم ۋە جازا چۈشۈرۈشى («ماتتا» 25-باب، «ۋەھيي» 19-باب) ئەمەس دەپ قارايمىز. بەلكى مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق بۇ دۇنيانىڭ خۇداغا ۋە ئۇنىڭ شاپائىتى بىلەن قارشىلاشقانلىقى ۋە ھەقىقىي تەبىئىتى پاش قىلىنىپ، خۇدانىڭ دۇنيانىڭ ئۈستىدىكى ھۆكۈمىنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ. مەسىھدە خۇدانىڭ تولۇق مېھرىبانلىقى مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ ئىنسانىيەتكە يېقىن كەلدى ــ «قول تەگكۈدەك يېقىن» دېگىلى بولىدۇ ــ ئىنسان بولغان مەسىھ ئەيسادىن ئۆزگە يولۇققانلارغا پەقەت ئىلتىپات، رەھىم-شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كېلەتتى. ئۇ قەيەرگە بارمىسۇن ئۇلار شىپا، تەسەللى تاپاتتى، تۈرلۈك جىن-شەيتانلاردىن قۇتۇلۇپ چىقاتتى. ئۇ ئۆزى خۇدانىڭ ئىنسانىيەتكە باغلىغان مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ رەددىيىسىز ئىسپاتىدۇر. بىراق ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت («دۇنيا») ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس بىلدۈردى؟ ــ رەت قىلىپ ئۆلتۈرۈش، خالاس.

ئۇنى ئوچۇق-ئاشكارە رەت قىلغان يەھۇدىي خەلقىنى ھەممىدىن رەزىل بىر تۈركۈمى دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك ــ مۇقەددەس كىتاب بويىچە ئۇلار مۇشۇ جەھەتتە پەقەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ۋەكىلى بولغان، خالاس. ھەرقانداق باشقا مىللەتمۇ شۇنداق قىلماي قالمايتتى. پۈتكۈل دۇنيانىڭ ۋەكىلى بولغان يەھۇدىي خەلقى بارلىق بېشارەتلەر، چۈمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ گۇۋاھلىقى ۋە مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ مېھرىبانلىقىنىڭ مۇجەسسەملەشكىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى چەتكە قاققان. شۇنىڭدەك، ئىنسانىيەت ئۆز ۋەكىلى ئارقىلىق خۇدانى، يەنى خۇدانىڭ ۋەكىلى مەسىھنى رەت قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئەڭ رەھىمسىز، ئەڭ ئادالەتسىز، ئەڭ

يىرگىنچلىك يول بىلەن رەت قىلغان. يەھۇدىيلارنىڭ قانۇنى بويىچە مەسىھنىڭ سوراققا تارتىلىشىنى ئوتتۇز تەرەپتە قانۇنسىز ھېسابلاش كېرەك ئىدى؛ ھەتتا رىم قانۇنى بويىچە مەسىھنىڭ سوراققا تارتىلىشى مۇتلەق قانۇنسىز ئىدى.

بۇ ئىشلارغا قاراپ مۇقەددەس يازمىلاردا دائىم ئۇچرايدىغان «دۇنيا» ياكى «بۇ دۇنيا» دېگەن ئاتالغۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. «دۇنيا» خۇداغا ۋە خەلقىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ نىجات نىشانلىرىغا دائىم قارشى تۇرىدىغان تۈزۈمدۇر. ئۇنىڭغا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق؛ ۋەھالەنكى، خۇدانىڭ خەلقىنىڭ سادىقلىقى ۋە گۇۋاھلىقى بىلەن ئۇنىڭدا بولغان رەزىللىكنى تىزگىنلەش ياكى بەزىدە ۋاقىتلىق چېكىندۈرۈش مۇمكىن بولىدۇ. مەسىلەن، 18- ۋە 19-ئەسىردە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى جامائەتلەرنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن دۇنيادىكى قۇللۇق تۈزۈم كۆپ يەرلەردە يوق قىلىۋېتىلگەن. ھازىر بولسا قۇللۇق تۈزۈم ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى بەزى يەرلەردىلا تېپىلىدۇ؛ بىراق غەربىي دۆلەتلەرنىڭ ئاھالىلىرى خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى داۋاملىق رەت قىلسا (ھازىر قىلىۋاتقىنىدەك) ئۇ يەرلەردىمۇ بۇ تۈزۈم تېز ئارىدا قايتىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئەمدى «ھازىر بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ تاشقىرىغا قوغلىنىش ۋاقتى كەلدى» دېگەننى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟

بىز بۇ باياننىڭ مەنىسىنى: — (1) شەيتاننىڭ شىكايەت ۋە تۆھمەت قىلغىلى خۇدانىڭ دەرگاھىغا كىرىش پۇرسەتلىرى چەكلەندى؛ (2) ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ يېتىشكە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئوي-پىكىرلىرىنى كونترول قىلىپ باغلىۋېلىشى چەكلەندى، دەپ قارايمىز.

بىرىنچى جەھەتتىن ئايۇپنىڭ دەۋرىدە شەيتاننىڭ خۇدانىڭ ئالدىغا ئەركىن ھالدا كىرىپ، مۇقەددەس بەندىلىرى (بولۇپمۇ ئايۇپ)نىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ھوقۇقى بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئەسلەيمىز. ئەمەلىيەتتە شەيتاننىڭ شىكايەتلىرى خۇدانىڭ دەسلەپتە ئۇنى ئەرشتىن ھەيدىۋەتكەنلىكىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغانىدى: «قارا، سەن ئايۇپقا باشپاناھ بولىسەن، ئۇنى قوغدايسەن. لېكىن ئۇ سېنى ھەقىقىي سۆيمەيدۇ. ئۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بىر گۇناھكار، خالاس. ئۇنى كەچۈرۈم قىلغان ۋە باشقا ئىنسانلارنى كەچۈرۈم قىلغان يەردە، مېنى ئەرشتىن قوغلىۋېتىشكە نېمە ھەددىڭ بار؟ ئۇنىڭدا نېمە ھەققانىيلىق بار؟» — دېگەندەك.

مەسىھنىڭ كرېستتە بولغان ئۆلۈمى ئەلۋەتتە بۇ شىكايەتكە تولۇق رەددىيەدۇر. خۇدا ئىنسانلارنى كەچۈرۈم قىلالايدۇ، چۈنكى ئۇ ھەققانىيلىق بىلەن ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى مەسىھ ئارقىلىق ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ بەدەل تۆلىگەن. كرېستتىن كېيىن ئىبلىس خۇدانىڭ كەچۈرۈمى توغرىسىدا شىكايەت قىلغۇدەك ھېچقانداق باھانە-سەۋەب تاپالماي قالدى. ھەتتا ئەرشلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ تۆھمەت-شىكايەتلىرىدىن پاكلاندى («ئىبر.» 23:9).

ئىككىنچى جەھەتتە، مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمى شەيتاننىڭ قانداقتۇر «ئادەمئاتا ۋە ھاۋائانا گۇناھ سادىر قىلىپ ماڭا بويسۇنغان بولغاچقا، پۈتكۈل ئىنسانىيەت مېنىڭكىدۇر» دېگەن ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، ئۇنىڭ ئولجىسى بولغان ئىنسانىيەتنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالغان، دەپ ئىشىنىمىز («كول.» 15:2). شۇڭا جامائەت خۇش خەۋەر جاكارلىغاندا ئاڭلىغۇچىلار ھەقىقىي چۈشەنسۇن، شەيتاننىڭ ئولجىسى خۇداغا قايتۇرۇلسۇن، دەپ دۇئا قىلىشىنىڭ ئاساسى باردۇر. بۇ ئىش 9:16-11دە تىلغا ئېلىنغان مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتىگىمۇ باغلىق، تۆۋەندە ئۇ توغرۇلۇق توختىلىمىز.

## 13-باب: رەببىمىزنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇشى - ئۇنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

8-ئايەتتە پېترۇس رەببىمىزنىڭ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇشىنى رەت قىلىدۇ. رەبنىڭ ئۇنىڭغا بولغان جاۋابى مۇتلەق قەتئىي ئىدى: —

**«پېترۇس: — سەن مېنىڭ پۇتۇمنى يۇساڭ ھەرگىز بولمايدۇ! — دېدى. ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن: — سېنى يۇمىسام، مېنىڭ بىلەن تەڭ نېسىۋەڭ بولمايدۇ، — دېدى»**

بۇ جاۋاب بىزگە رەببىمىزنىڭ بۇ قىلغىنى پەقەت كىچىك پېئىللىق بىرخىل خىزمەتلا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت كىچىك پېئىللىقتا ئۈلگە بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىش بارلىق مۆمىن بەندىلىرىگە كىچىك پېئىللىق بىلەن بىر-بىرىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا مەڭگۈلۈك قىممەتلىك ئۈلگە بولاتتى. **«ئاراڭلاردا كىم ئۇلۇغ بولاي دېسە، ھەممىڭلارغا قۇل بولسۇن»** دېگۈچى بولسا ئۆزى بۇ سۆزىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۈلگىسىدۇر. لېكىن رەببىمىزنىڭ پېترۇسقا: **«سېنى يۇمىسام، مېنىڭ بىلەن تەڭ**

نىسۋەڭ بولمايدۇ» دېگەن مۇتلەق جاۋابى بىزگە بۇ ئىشتا تېخىمۇ چوڭقۇر بىر گەپ بار، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. «يۇھاننا»نىڭ باياندىكى بۇ قىسىم «بۇ دۇنيادىكى ئۆز ئادەملىرىگە كۆرسىتىپ كەلگەن مېھىر-مۇھەببىتىنى ئاخىرغىچە تولۇق كۆرسىتىپ تۇردى» دېگەن تونۇشتۇرۇش سۆزى بىلەن باشلانغاچقا، ئۇنىڭ بۇ جاۋابى ۋە ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇشىنى ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن باغلىق دەپ ئويلىماي قالمايمىز. 12-ئايەتتە: «ــ سىلەرگە نېمە قىلغىنىمنى ئۇقتۇڭلارمۇ؟» دېگەن سوئالى بۇ چوڭقۇر مەنىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ پېترۇسقا: «بەدىنى يۇيۇلۇپ، تامامەن پاكىز بولغان ئادەم پەقەت پۇتلىرىنى يۇسىلا قايتا يۇيۇنۇشىنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ» (10:13) دېگەن سىرلىق گېپىنى ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن باغلاپ چۈشىنىش كېرەك.

ئۇ 3:15دە ئۇلارغا: «سىلەر مەن سىلەرگە يەتكۈزگەن سۆزۈم ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن پاك بولدۇڭلار» دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار مەسىھنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ قوبۇل قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ ئالدىدا پاك ۋە ھەققانىي دەپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن كامىل بولۇش ئۈچۈن يەنە بىر قەدەم مېڭىشى كېرەك ئىدى ــ ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن خار قىلىنغان ئۆلۈمىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك بولىدۇ. بۇنى قوبۇل قىلمىسا ئەيسا دېگەندەك ئۇلارنىڭ «مېنىڭ بىلەن تەڭ نېسىۋىسى بولمايدۇ».

ۋە ھەربىر ئىنسان ئوخشاشلا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئاشۇ ئىشقا ئىشەنچىنى باغلىشى كېرەككى، خۇدانىڭ ئوغلى بىزنى ھەممە داغ-نۇقساندىن پاكلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن قىلىپ كرېستتىكى ئۆلۈمدە بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە بولغان. كرېستلەپ ئۆلتۈرۈش جازاسى ئىنسانلار ئىجاد قىلغان بارلىق ئۆلۈم جازالىرى ئىچىدە ئادەمنى ئەڭ خار قىلغۇچى جازادۇر. روسۇل پاۋلۇسنىڭ دېگىنىدەك، ھەممىمىز «كرېست بىزارلىقى»نى رەت قىلماي، خۇدانىڭ شۇ يولدا بىزنى سۆيگەنلىكىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك؛ بولمىسا، بىزنىڭ «ئۇنىڭ بىلەن تەڭ نېسىۋىمىز بولمايدۇ».

رەببىمىز ئاخىردا، ھەممىمىز ئوخشاش يولدا بىر-بىرىمىزگە خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك، دەيدۇ. بۇ سۆزى بىزنى پەقەت كىچىك پېئىللىق خىزمەت كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغىنىدەك، بىر-بىرىمىز ئۈچۈن پىدا بولۇپ، ھەتتا خارلىنىپ ئۆلۈشكە تەييار بولۇشىمىزنى چاقىرىدۇ.

32-31:13 «يەھۇدا تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەيسا مۇنداق دېدى:

ــ ئەمدى ئىنسانئوغلى ئۇلۇغلىنىدىغان ۋاقىت-سائەت يېتىپ كەلدى ۋە خۇدا ئۇ ئارقىلىق ئۇلۇغلىنىدۇ. ۋە ئەگەر خۇدا ئۇنىڭدا ئۇلۇغلانسا، خۇدامۇ ئۆزىدە ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ، شۇنداقلا دەرھال ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ».

ئەيسا قانداق يولدا «ئۇلۇغلىنىدۇ» ۋە خۇدا قانداق تەرەپتە «ئۇنىڭدا ئۇلۇغلىنىدۇ»؟

بۇ سۆزلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا خىياللىرىمىز بەلكىم مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىگە ئاتلاپ ئۆتۈپ، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۇلۇغلىنىشى بولسا كېرەك دېيىشىمىز مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمىدىمۇ بىرخىل شان-شەرەپ يوقمۇ؟ خۇدا ئەزەلدىن ئۇنىڭ بۇ ئۆلۈم يولىدىكىدەك ئۇلۇغلىنىپ باقمىغان ۋە كېيىن يەنە شۇ يولدا ئۇلۇغلىنىنامدۇ؟

مەسىھنىڭ بېشىغا تاقىغان تىكەنلىك تاج ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىكىتكەن تاختاي، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا رەھىمسىز ئاھانەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان؛ لېكىن ھەممىگە قادىر بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي باشقا مەنىدە ئالدىقاچان بېكىتكەنىدى. ئىنسانلار كېيگەن تاجلار ئىچىدە ئەيسا كىيگەن تىكەنلىك تاجدىن شەرەپلىك تاج بولۇپ باقانمۇ؟ تىكەنلەر بولسا ئىنساننىڭ گۇناھىنىڭ نەتىجىسى بولغان لەنەتنى كۆرسىتىدۇ («يار.» 18:3). ئۇ بىزنى دەپ شۇ لەنەتنى كۆتۈردى ــ لېكىن پادىشاھ سۈپىتىدە كۆتۈردى. ھەرقانداق جەڭ مەيدانىدا ئەيسانىڭ كرېستتە گۇناھ، ئىبلىس ۋە ئۆلۈمنىڭ ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىدىن ئۇلۇغ بىر غەلىبە بولۇپ باققانمۇ؟ شۇنىڭدەك مەسىھنىڭ كرېستىدىن ھەرقانداق پاداشاھنىڭ تەختى شەرەپلىك بولۇپ باققانمۇ؟ مۇتلەق خار قىلىنىشقا يۈزلەنگەندە شۇنداق سالاپەت ۋە شاھانىلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئەيساغا تەڭداش كىشى بولۇپ باققانمۇ؟

خۇدانىڭ كرېستتە ئۇلۇغلىنىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئېگىزلىكى ھېچقانداق باشقا يەردە ئۇنداق روشەن نامايان قىلىنىپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ گۇناھقا قاراتقان نەپرىتى، ئۇنىڭ مۇكەممەل پاك-مۇقەددەسلىكى ۋە ھەققانىيلىقى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئوغلىغا قاراتقان جازاسىدەك شۇنداق روشەن نامايان قىلىنىپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىدە نەچچە يۈزلىگەن بېشارەتلەر ۋە مۇقەددەس قانۇندىكى بېشارەتلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى بىلەن

شۇنداق مۇكەممەل ۋە ئاجايىب ھالدا كۆرۈنۈپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ كرىستتە كۆرسەتكەن سەۋر-تاقىتى باشقا يەردە ھېچقاچان شۇنداق ئايان قىلىنىپ باققان ئەمەس.

ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشىدە خۇدا دەرۋەقە ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ ــ مۇخلىسلىرى، پەرىشتىلەر ۋە بارلىق ئەرش-ئاسمانلارنىڭ كۈچ-ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ. ئاندىن ئۇنى ئەرشكە كۆتۈرۈشى بىلەن بۇ ئۇلۇغلاش جەريانى يەنە بىر باسقۇچ ئالغا بېسىلىدۇ («فىل.» 2:1-11). رەببىمىزنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ئۇنىڭ ئىنسان سۈپىتىدە ئاتىغا بولغان مۇكەممەل ئىتائەتمەنلىكى تۈپەيلىدىن بولغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى ــ رەببىمىز ۋە ئاكىمىز ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇلغاندۇر («ئىبر.» 2:11). ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددەس روھ جامائەتكە كەلگەندە ئۇنىڭ شان-شەرەپلىرى ۋە پەزىلەتلىرىنى ئاشكارا قىلىپ، ئاندىن بىز ئارقىلىق دۇنياغا كۆرسەتكىنىدە، ئۇ دۇنيا ئالدىدا يەنە بىر يولدا ئۇلۇغلىنىدۇ.

ئالدىمىزدا مەسىھنىڭ تېخى ئايان قىلىنمىغان كۆپ شان-شەرەپلىرى ــ مىڭ يىللىق سەلتەنىتى ۋە ئۇنىڭدىن يىراق ئۆتۈپ، «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن»دا بولىدىغان، ھازىر ئىنسانىي كۆزلەر يېتەلمەيدىغان شەرەپلىرى بىزنى كۈتىدۇ. ئامىن!

4-2:14 «ئاتامنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن ماكانلار بار. بولمىغان بولسا، بۇنى سىلەرگە ئېيتقان بولاتتىم؛ چۈنكى مەن ھەربىرىڭلارغا ئورۇن تەييارلاش ئۈچۈن شۇ يەرگە كېتىپ بارىمەن. مەن سىلەرگە ئورۇن تەييارلىغىلى بارىدىغانىكەنمەن، چوقۇم قايتىپ كېلىپ، سىلەرنى ئۆزۈمگە ئالىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن، مەن قەيەردە بولسام، سىلەرمۇ شۇ يەردە بولىسىلەر. سىلەر مېنىڭ قەيەرگە كېتىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇ يەرگە بارىدىغان يولنى بىلىسىلەر».

ئىزاھاتىمىزدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، رەببىمىزنىڭ بۇ سۆزلىرى ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كرىستتىكى ئۆلۈمىدىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى ئەھۋالغا باغلىق، دەپ قارايمىز. ھەربىر ئېتىقاد قىلغۇچى ئۈچۈن ھازىر بىر «روھىي تۇرالغۇ» بار ــ خۇدا بىلەن يېڭى ئالاقىدە بولۇش. بۇ ئالاقە ھەربىر ئېتىقاد قىلغۇچى ئۈچۈن باشقا-باشقا بولۇپ، خۇدا ئۆيىدە تۇرغاندەك بىزدە تۇرىدىغان ۋە بىز ئۇنىڭدا تۇرىدىغان ھالەتتىن ئىبارەت. بۇ سۆزلەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى جەننەتتە بولغان مەلۇم بىر جىسمانىي ئۆي-ئوردا ئەمەس،

بەلكى يېڭى ھايات، يېڭى بىرخىل ھاياتنى ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت. دەرۋەقە، خۇدانىڭ تاللىغانلىرى ئۈچۈن جەننەتتە مۇشۇنداق جىسمانىي ئوردىلار بار بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن مۇشۇنداق «ئوردىلار» ئەيسا ئۆلۈپ، مۇقەددەس روھ كەلگەندىن كېيىنكى، خۇدا بىلەن بولىدىغان يېڭى مۇناسىۋەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەم قىممەتلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھامان ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماي، بۇ كۆپ «روھىي تۇرالغۇ»لار جىپسالاشتۇرۇلغاندا خۇدانىڭ ئۆيى (جامائەت) بولىدۇ؛ بىزنىڭ خۇدا بىلەن يېڭى مۇناسىۋەتىمىز باردۇر، بىر-بىرىمىز بىلەن يېڭى مۇناسىۋەتىمىز باردۇر.

## 12:14 «بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ماڭا ئىشەنگەن كىشى مېنىڭ قىلغۇاتقان ئەمەللىرىمنى قىلالايدۇ؛ ۋە بۇلاردىنمۇ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئەمەللەرنى قىلىدۇ، چۈنكى مەن ئاتىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىمەن»

رەببىمىزنىڭ «تېخىمۇ ئۇلۇغ ئەمەللەر» دېگىنىدە قانداق ئەمەللەرنى كۆزدە تۇتىدۇ؟ بىز ئۇنىڭ ياراتقان مۆجىزىلەردىن تېخىمۇ ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىمىزمۇ؟ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا جاۋابىمىز «شۇنداق» بولۇشى كېرەكتۇر. ئىنجىلدىكى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»گە قارىغاندا، روسۇللار دەرۋەقە شۇ چاغلاردا خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئايان قىلغان كۆپ كارامەت مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەندى ۋە بۇ مۆجىزىلەرنىڭ رەببىمىز يەر يۈزىدە يۈرگۈزگەن مۆجىزىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى بىزگە ئايان بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېسەللەرنى ساقايتىش، جىنلارنى ھەيدىۋېتىش ۋە ھەتتا ئادەملەرنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈش بار ئىدى. بۇ ئالامەت-كارامەتلەر روسۇللارنىڭ يەتكۈزگەن ئەيسا توغرۇلۇق خۇش خەۋەرنى تەستىقلىغان ئاجايىب ئىسپات بولۇپ، ھەممىمىز ئۇلارنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىمىز، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، بۇ مۆجىزىلەرنى رەببىمىزنىڭ ئەمەللىرىگە «ئوخشاپ كېتىدىغان» دېگىنىمىز بىلەن راستتىن ئېيتساق «تېخىمۇ ئۇلۇغ» دېگىلى بولامدۇ؟ شۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىشىمىز كېرەككى، رەببىمىزنىڭ بۇ سۆزلىرى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىشنى — يەنى مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، كىشىلەرنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش ۋاستىسى بولۇشىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

رەببىمىزنىڭ دەرۋەقە تەلىم بېرىپ سۆز قىلىشى، شۈبھىسىزكى، ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت ئەڭ ئاجايىب ئىش بولغان بولسىمۇ، كرېستتىكى ئۆلۈمدىن ئىلگىرى ئۇ

ھېچكىمنى ئۆزىنىڭ ئاتا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىچىگە كىرگۈزەلمەيتتى. لېكىن مۇقەددەس روھ تۆكۈلگەندىن كېيىن ھەربىر خۇش خەۋەرچى ۋە تەلىم بەرگۈچىنىڭ ئادەملەرنى خۇدا بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھاياتقا كىرگۈزۈش ۋاستىسى بولۇشتەك بىباھا شەرىپى باردۇر. بۇنىڭ سەۋەبى «چۈنكى مەن ئاتىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىمەن» ــ ۋە ئۇ ئاتىنىڭ يېنىغا بارغانلىقى تۈپەيلىدىن، مۇقەددەس روھ كېلىدۇ.

1:15 رەببىمىز «ھەقىقىي ئۈزۈم تېلى» بولغاندىن كېيىن، «ساختا» ياكى پور-پۇچەك ئۈزۈم تېلى بولامدۇ؟

رەببىمىزنىڭ «ھەقىقىي ئۈزۈم تېلى ئۆزۈمدۇرمەن» دەپ ئېلان قىلغىنى بىزگە تەۋرات دەۋرىدە خۇدا ئەسلىدە كۆپ قېتىم ئىسرائىلنى «سەن مېنىڭ ئۈزۈم تېلىمسەن» دېگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان مۇھىم بىر مەقسىتى شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ باشقىچە ئىش-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرگە ئۆز گۇۋاھچىلىرى ۋە ۋەكىللىرى بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئىبراھىمغا «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەل-جەمەتلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ» («يار.» 2:12) دېگەن ئەمەسمۇ؟ بۇ ۋەدىگە ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىل ۋارىسلىق قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەسلىدە ئىسرائىلنى «سەن مېنىڭ قۇلۇم ئىسرائىل، سەندە ئۇلۇغلىنىمەن» دېمەكچى بولغان ئەمەسمۇ؟ («يەش.» 3:49). بۇ تېمىدا يەنە «2تار.» 6:32-33، «مىك.» 4:1-5، «يەش.» 2:2-5، «زەك.» 8:23نى كۆرۈڭ.

ھالبۇكى، ئىسرائىل كۆپ ۋاقىتلاردا خۇداغا ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن يات ئەللەردە گۇۋاھچى ۋە ئۈلگە بولۇشنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئىش-ھەرىكەتلىرى ئەتراپىتىكى بۇتپەرەس ئەللەرنىڭكىدىن تېخىمۇ بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئۇلارغا ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئارقىلىق مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ: — «مەن بۇ ئىشنى سىلەرنى دەپ ئەمەس، ئى ئىسرائىل جەمەتى، بەلكى سىلەر بارغان ئەللەر ئارىسىدا بۇلغىغان ئۆز پاك-مۇقەددەس نامىم ئۈچۈن قىلىمەن» («ئەز.» 8:23).

دېمەك، ئىسرائىل خۇدانىڭ خۇرسەنلىكى ئۈچۈن مېۋە بېرىدىغان ئۈزۈم تېلى بولمىدى («يەشايا» 5-باب، «يەر.» 2:21-22، «ئەز.» 15-باب، «ھوش.» 1:10،

«زەب.» 8:80ـ18نى كۆرۈڭ). ھالبۇكى، ئىسرائىل گۇناھقا پېتىپ خۇدانىڭ مەقسىتىنى ئورۇنلىمىغاچقا، مەسىھ ئۆزى خۇدانىڭ بارلىق ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئۇنىڭدا تۇرغانلار «كۆپ مېۋە بەرگۈچىلەر» بولىدۇ («يۇھ.» 5:15، 8). ئۇ «ھەقىقىي ئۈزۈم تېلى» بولىدۇ.

## مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتى (16:7-11)

«ئەمما مەن سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىپ قوياي، مېنىڭ كېتىشىم سىلەرگە پايدىلىقتۇر. چۈنكى ئەگەر كەتمىسەم، ياردەمچى سىلەرگە كەلمەيدۇ. ئەمما كەتسەم، ئۇنى سىلەرگە ئەۋەتىمەن. ئۇ كەلگەندە، بۇ دۇنيادىكىلەرگە گۇناھ توغرىسىدا، ھەققانىيلىق توغرىسىدا ۋە ئاخىرەت سورىقى توغرىسىدا ھەقىقەتنى بىلگۈزىدۇ. ئۇ ئۇلارنى گۇناھ توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ، چۈنكى ئۇلار ماڭا ئېتىقاد قىلمىدى. ئۇلارنى ھەققانىيلىق توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ، چۈنكى ئاتامنىڭ يېنىغا قايتىپ بارىمەن ۋە سىلەر مېنى يەنە كۆرەلمەيسىلەر. ئۇلارنى ئاخىرەت سورىقى توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ، چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى ئۈستىگە ھۆكۈم چىقىرىلدى»

ئەيسانىڭ: «مېنىڭ كېتىشىم سىلەرگە پايدىلىق» دېگىنى شۈبھىسىزكى، روسۇللارغا (ھەم بىزگىمۇ) بەك ھەيران قالارلىق ئىش بولدى. چۈنكى ئۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولغىنىدا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق ئىدى؛ «ئۇستازىمىز ھەرقانداق قىيىن ئەھۋالغا تاقابىل تۇرالايدۇ» دېگەندەك ئۇلاردا ئۇنىڭ ئارقىلىق بىرخىل ئىشەنچ-خاتىرجەملىك بار ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ ئۇلاردىن ھەتتا قىسقا بىر ۋاقىت ئايرىلسا، ئۇلار كۆڭۈلسىز قالغاندەك بولاتتى. مەسىلەن، ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ تاغقا چىقىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ جىن چاپلاشقان بىر بالىغا مەدەت يەتكۈزەلمىگەنلىكى كۆرۈنىدۇ («مات.» 17:1ـ22). ئۇنىڭ ھازىرلىقى ئۇلارنىڭ بارلىقى ئىدى ــ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇستازى، يولباشچىسى، باشپاناھى، رىغبەتلەندۈرگۈچىسى، قۇتقۇزغۇچىسى ۋە ھەممىدىن بەك ئۇلارنىڭ تەسەللى بەرگۈچىسى، كۆچەيتكۈچىسى ۋە دوستى ئىدى. ئۇ قانداقسىگە «مېنىڭ كېتىشىم سىلەرگە پايدىلىق» دېسۇن؟

ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزى بۇ ئىشنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ «كېتىشى» كېرەك ــ ئاۋۋال بىر يوللا ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغىلى كىرىستكە كېتىشى كېرەك،

ئاندىن ئۆزگە ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا مۇقەددەس روھنى ئەۋەتكىلى كىرىشتىن قەبرى ئارقىلىق ئەرشكە، ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېتىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كىرىشتىكى ئۆلۈمى ئادەملەرنىڭ مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ شۇنىڭغا بەدەل تۆلىگىنى ئىدى. بىز مۇنداق بىر خۇلاسىگە كەلمەي قالمايمىز: —

(1) خۇدا مەسىھنى ئۆز ۋەكىلى بولۇشقا ئەۋەتتى؛ ئۇ بولسا «سۆز-كالام»دۇر.

(2) رەببىمىز مۇقەددەس روھنى جامائەتكە ئۆز ۋەكىلى بولۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئەيسا روسۇللىرىغا ھەمراھ بولغاندا ئۇلارغا نېمە بولغان بولسا مۇقەددەس روھ جامائەتكىمۇ شۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنىدەك: «مەن سىلەرگە باشقا بىر ياردەمچى ئەۋەتىمەن» (16:14). گرېك تىلىدا «باشقا بىر...» بولسا «ماڭا ئوپ-ئوخشاش باشقا بىر» دېگەن ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، مۇقەددەس روھ ئۇلارغىمۇ «ئۇستاز، يولباشچى، باشپاناھ، رىغبەتلەندۈرگۈچى، ساقايتقۇچى، تەسەللى بەرگۈچى، كۈچەيتكۈچى ۋە دوستى بولىدۇ. چوڭ پەرقى شۇ بولىدۇكى، ئەيسا ئۇلار «بىلەن بىللە» ئىدى، لېكىن مۇقەددەس روھ «ئۇلاردا» يەنى «ئۇلارنىڭ ئىچىدە» ياشايتتى. بۇ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ چەكسىز ئەۋزەل بولمامدۇ؟

(3) مەسىھ جامائەتنى ئۆزىگە ۋەكىل بولۇشقا ۋە شۇنداقلا ئاتىغا ۋەكىل بولۇشقا «پۈتكۈل دۇنيا»غا ئەۋەتىدۇ.

جامائەت مەسىھنى دۇنياغا جاكارلىغاندا مۇقەددەس روھ رەببىمىز 8-11دە ئېيتقان خىزمەتلەرنى قىلىپ، ئادەملەرگە بۇ خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ۋە جەزملىك يەتكۈزىدۇ: —

(1) ئۇ بۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنى گۇناھ توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ، «چۈنكى ئۇلار ماڭا ئېتىقاد قىلمىدى». ئادەملەرنى دوزاختا ئەۋەتىدىغان گۇناھ دەل مۇشۇدۇر. ئادەملەرنىڭ دوزاختا چۈشۈشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى گۇناھكار ئىكەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئەيساغا ئېتىقاد قىلىشنى رەت قىلغانلىقى، يەنى خۇدانىڭ نىجاتىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

(2) ئۇ ھەققانىيلىق توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ، «چۈنكى ئاتامنىڭ يېنىغا قايتىپ بارىمەن ۋە سىلەر مېنى يەنە كۆرەلمەيسىلەر».

رەببىمىز بۇ دۇنيادا بولغاندا ھەققانىيلىقنىڭ مۇكەممەل ۋەكىلى ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ دۇنيادا بولمىسا، ئادەملەر خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىنى قانداق چۈشىنىدۇ؟ خۇدانىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان جاۋابى بىرىنچىدىن جامائەت ئارقىلىق مەسىھنىڭ ھەققانىيلىقىنى

ئايان قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەيسا ئاۋۋال «مەن دۇنيانىڭ نۇرىمەن» دەيدۇ («يۇھ.» 12:8) بىراق ئاندىن «سىلەر دۇنيانىڭ نۇرىسىلەر» دەيدۇ («مات.» 14:5). جامائەت مۇقەددەس روھقا تولغان بولسا مەسىھنىڭ ھەققانىيلىقىنى ئايان قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە جامائەت سادىقلىق بىلەن خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى جاكارلىغاندا مۇقەددەس روھ ئۆزى ئادەملەرنىڭ ۋىجدانلىرىدا ئىشلەپ، ئۇلارنى قايىل قىلىپ، «خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى» بولغان مەسىھ توغرۇلۇق بىۋاستە گۇۋاھلىق بېرىدۇ («1كور.» 30:1).

(3) ئۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنى ئاخىرەت سورىقى توغرىسىدا بىلگۈزىدۇ، «چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى ئۇستىگە ھۆكۈم چىقىرىلدى».

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، «بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى» (شەيتان) مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمى ئارقىلىق پاش قىلىندى ۋە شۇنىڭدەك ئۇنىڭ خۇداغا ۋە ئىنسانلارغا قارا چاپلىماقچى بولغان بارلىق شىكايەتلىرى ۋە باھانىلىرى ئېلىپ تاشلاندى. رەببىمىزنىڭ ئازاب تارتىشى بىلەن شەيتان سوراققا تارتىلىپ ئۇستىگە چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم-جازا ھەممىگە ئېنىق ئېلان قىلىنغاندۇر. ۋە شۇنداق بولغاندا، شەيتاننىڭ پادىشاھلىقى ئاستىدا ياشىغانلار (يەنى، مەسىھنىڭ ئېتىقادى ئارقىلىق خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرمىگەنلەر)نىڭ ھەممىسى ئوخشاش سوراق ھۆكۈمى ئاستىدا تۇرماقتا. خۇدانىڭ سۆز-كالامى جاكارلانغادا، مۇقەددەس روھ ئاڭلىغۇچىلارغا بۇ كېلىدىغان ھۆكۈم-جازا توغرۇلۇق ۋىجدانلىرىدا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

13-12:16 «سىلەرگە ئېيتىدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى؛ لېكىن سىلەر ئۇلارنى ھازىرچە كۆتۈرەلمەيسىلەر. لېكىن ئۇ، يەنى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە، ئۇ سىلەرنى بارلىق ھەقىقەتكە باشلاپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمەيدۇ، بەلكى نېمىنى ئاڭلىغان بولسا، شۇنى سۆزلەيدۇ ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ».

تۆۋەندىكىدەك ئىككى سوئال مۇشۇ سۆزلەردىن چىقىدۇ: —

(1-سوئال) ئۇلار ئاڭلاپ كۆتۈرەلمەيدىغان ئىشلار نېمە؟ بىز بۇلارنى ھازىر بىلەمىزمۇ؟

بۇنىڭغا ئىنجىلنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدىن جاۋاب چىقىدۇ. روسۇللارغا نىسبەتەن بۇ ئىشلار بولۇپمۇ: — (1) مەسىھنىڭ ئۆز شەخسىيىتى توغرۇلۇق تولۇق ۋەھىي-ھەقىقەتلەر؛ (2) ئۇنىڭ كرېستتىكى قۇربانلىق خىزمىتى توغرۇلۇق ۋەھىي-ھەقىقەتلەر؛

(3) «يات ئەللىكلەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر)نىڭ جامائەتتە يەھۇدىي قېرىنداشلىرى بىلەن تەڭ مەسىھدە بولغان بايلىق ۋە مىراسقا ئورتاق مىراسخورلار ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ۋەھيي-ھەقىقەتلەردىن ئىبارەت، دەپ قارايمىز. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدە بولغان بايانلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى روسۇللارنىڭ ئۆزلىرى سالام خەتلىرىدە بىزگە شەرھ قىلىپ بېرىدۇ؛ چۈنكى رەببىمىز ئۇلارغا بۇلارنى جامائەتكە ئۆگىتىش ۋەزىپىسىنى قالدۇرغان (مەسىلەن، «ئەف.» 5:3نى كۆرۈڭ).

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىمىز ئۇچۇن خۇداغا ئىتائەت قىلغانسېرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ماڭغانسېرى ئۇنىڭدىن كەلگەن چۈشەنچىلەر ۋە بىلىملەر چوڭقۇرلىشىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ھەربىرىمىز ئۇچۇنمۇ «سىلەرگە ئېيتىدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى؛ لېكىن سىلەر ئۇلارنى ھازىرچە كۆتۈرەلمەيسىلەر» دېگەن سۆزلەر بەلكىم توغرىدۇر... لېكىن كۆڭلىمىز تەييار بولغاندا «مۇقەددەس روھ ئۇلارنى ساڭا كۆرسىتىدۇ».

(2-سوئال) رەببىمىزنىڭ بۇ ئايەتلەردە: «لېكىن ئۇ، يەنى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە، ئۇ سىلەرنى بارلىق ھەقىقەتكە باشلاپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمەيدۇ، بەلكى نېمىنى ئاڭلىغان بولسا، شۇنى سۆزلەيدۇ ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ» دەپ بەرگەن ۋەدىسى پەقەت بىرىنچى ئەسىردىكى شۇ ئون بىر روسۇللار ئۈچۈنلا (ۋە بەلكىم باشقا روسۇللار ئۈچۈن) ياكى بارلىق دەۋردىكى ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئىناۋەتلىك بولامدۇ؟

بۇ ئاخىرقى سوئالغا يۇھاننانىڭ بىرىنچى سالام خېتىدىن سۆز ئالساق تولۇق جاۋاب بولىدۇ: — «ۋە سىلەر بولساڭلار، سىلەر ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلغان مەسىھلىگۈچى روھ سىلەردە تۇرۇۋېرىدۇ، سىلەر ھېچكىمنىڭ ئۆگىتىشىگە موھتاج ئەمەسسىلەر؛ بەلكى ئەنە شۇ مەسىھلىگۈچى روھ سىلەرگە بارلىق ئىشلار توغرۇلۇق ئۆگىتىۋاتقاندەك (ئۇ ھەقتۇر، ھېچ يالغان ئەمەستۇر!) — ھەم ئۆگەتكەندەك، سىلەر داۋاملىق ئۇنىڭدا ياشايدىغان بولىسىلەر» («1يۇھ.» 27:2 — سەل ئاددىيلاشتۇرۇلغان).

بۇ سۆزلەر بىرىنچى ئەسىردىكى «ئاددىي» ئىشەنگۈچىلەرگە ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ھەربىر دەۋردىكى ئىشەنگۈچىلەرگە ئېيتىلغان (دېگۈمىز كېلىدۇكى، خۇدا ئالدىدا ھېچكىم

«ئاددىي» ئەمەستۇر). شۈبھىسىزكى، مۇقەددەس روھنىڭ بىرىنچى روسۇللارغا بولغان يېتەكچىلىكى ۋە تەلىمى ئىنتايىن ئالاھىدە؛ بىز ئۇلارنىڭ سالام خەتلىرىدىن ئۇلار قوبۇل قىلغان شۇ ۋەھىي ۋە تەلىملەردىن بەھرىمەن بولىمىز. لېكىن روسۇل پاۋلۇس بىزگە ئېيتقاندەك: ــ «ئەمما «جانغا تەۋە» كىشى خۇدانىڭ روھىنىڭ ئىشلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەخمىقانىلىكتۇر؛ ئۇ ئۇلارنى ھېچ چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار روھ بىلەن پەرق ئېتىلىپ باھالىنىشى كېرەكتۇر. روھقا تەۋە كىشى ھەممە ئىشلارغا باھا بېرەلەيدۇ...» («1كور.» 2:14، 15).

خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ھەقىقەت بىلەن چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، ئەسلىدە شۇ ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلغان روسۇللارغا شۇلارنى ئۆگەتكەن مۇقەددەس روھقا تايانغاندەك، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا تايىنىشىمىز لازىم.

ئۇنىڭ ئۇستىگە رەببىمىزنىڭ: «ئۇ، يەنى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە، ئۇ سىلەرنى بارلىق ھەقىقەتكە باشلاپ بارىدۇ» دېگەن ۋەدىسىگە قايتىدىن قارىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئورنىدا بولغانلىقىمىزنى بىلىپ يېتىشىمىز كېرەك («مۇخلىس» دېگەن سۆز «ئۆگەنگۈچى»دۇر). مەسىھدە بولۇپ بىز «ئاللىقاچان ئۆگەنگەنمەن» دېگەن بارلىق ئىشلارنى سەبىئىي بالىدەك بولۇپ قايتىدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم. خۇدا ئۆز روھى بىلەن پەقەت ئۇنىڭ سۆز-كالامىنى چۈشىنىشكىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتە قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ئۆگەتمىسە بولمايدۇ. رازى بولساق ئۇ بىزگە ئىش-خىزمىتىمىزنى قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىگە كەلتۈرۈش، ئائىلىدىكىلىرىمىزنى قانداق سۆيۈش، باشقىلارغا قانداق سۆز قىلىش، باللىرىمىزدىن قانداق خەۋەر ئېلىش، ۋاقتلىرىمىزنى قانداق ئىشلىتىش، ۋەدىلىرىمىزدە قانداق تۇرۇش ۋە ئۇ بىزگە يولۇقتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە قانداق مۇھەببەت كۆرستىشنى ئۆگىتىدۇ.

«ئۇ... كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ».

بىز بۇ ۋەدىنى بىرىنچىدىن، روھنىڭ روسۇللارغا كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ــ بولۇپمۇ جامائەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئاشكارە قىلىشىنى كۆرستىدۇ، دەپ قارايمىز. بۇ ئىشلار بەلكىم جامائەتنىڭ ئۆسۈپ كېڭىيىشى، جامائەت ئىچىدە «چوڭ يېنىش (چېكىنىش)»نىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەسىھنىڭ تېز ئارىدا دۇنياغا قايتىپ كېلىش ۋاقتىغا

ئاگاھ بولۇشنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، بۇ ۋەدىنى خۇدانىڭ ھەقىقەتكە تەشنا بولغانلارغا بولغان چاقىرىقىغا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىدە قانداق رولدا بولىدىغانلىقىغا قارىتا بىرخىل چۈشەنچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ئويلايمىز. بۇ ئىش خۇدا بىزدە كېلەچەك توغرۇلۇق بولغان قانداقتۇر بىر قىزىقتۇرۇلۇشنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس (گەرچە ئۇ بەزىدە خىزمەتكارلىرىغا كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بەزى ئىشلارنى كۆرسەتسىمۇ)، بەلكى ئالدىمىزدا تاللايدىغان يوللارغا ئەڭ ياخشى قارار چىقىرىشىمىز ئۈچۈندۇر.

## ئەيسانىڭ تىرىلگەندە ماگداللىق مەريەمگە كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭغا دېگەنلىرى توغرۇلۇق(20:1-18)

«ئەيسا ئۇنىڭغا : ــ ماڭا تېگىشمىگىن! چۈنكى مەن تېخى ئاتامنىڭ يېنىغا چىقمىدىم. بېرىپ قېرىنداشلىرىمغا: مېنى «سىلەرنىڭمۇ ئاتاڭلارنىڭ، يەنى مېنىڭ ئاتامنىڭ، سىلەرنىڭ خۇدايىڭلارنىڭ، يەنى مېنىڭ خۇدايىمنىڭ يېنىغا چىقىمەن!» دەيدۇ، ــ دەپ يەتكۈزگىن» ــ دېدى» (17:20).

نېمىشقا رەببىمىز مەريەمگە: «ماڭا تېگىشمىگىن!» (گرېك تىلىدا «ماڭا تەگۋەرمە») دېدى؟ بىز بۇنى «مېنى كېچىكتۈرمىگىن» دەپ تەرجىمە قىلساقمۇ بولاتتى. رەببىمىزنىڭ بۇ گېپىنى سۆزمۇسۆز چۈشىنىش كېرەك، دەپ قارايمىز ــ دېمەك، ئۇ قەبرىدىن چىقىپ دەل ئەرش-ئاسمانلارنى شەيتاننىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئاسىيلىقىدىن بولغان بۇلغاشلىرىدىن ۋە تۆھمەت-شىكايەتلەردىن پاكىزلاش ئۈچۈن ئاتىسىغا قايتىۋاتاتتى («ئىبر.» 23:10).

بۇ پىكىر شۇ ئاخشامدىكى ئىشلار بىلەن تەستىقلىنىدۇ؛ چۈنكى ئۇ مۇخلىسلىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇلارغا «ئېسىلما» (ياكى «تەگۋەرمە») دېگەندەك سۆزنى قىلماي، بەلكى ئۆز قوللىرىغا ۋە بىقىنىغا قاراشقا ۋە تېگىشكە تەكلىپ قىلىدۇ («لۇقا» 33:24-49، «يۇھ.» 19:20-29). بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شۇ كەچتە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پۈۋلەپ: «مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلىڭلار» دېدى. ئۇ ئەسلىدە ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، ئاتامنىڭ يېنىغا قايتىمسام مۇقەددەس روھ سىلەرگە كەلمەيدۇ، دېگەنىدى؛ ۋە ئۇنىڭ مەريەمگە بولغان سۆزلىرى بويىچە ئۇ دەل ئاتىنىڭ يېنىغا قايتىۋاتاتتى. بۇ «روھنى

پۈۋلەپ بەرگىنى»دىن كېيىن ئۇ ئۇلارغا مۇقەددەس روھنىڭ ئۇستىگە تولۇق چۈشۈشىنى يېرۇسالېمدا كۈتۈشنى بۇيرۇدى («لۇقا» 49:24، «روس.» 1:4-8، 4:2). شۇڭا ئۇنىڭ ئۇلارغا بۇ «مۇقەددەس روھنى پۈۋلەپ بېرىشى» (گرېك تىلىدا ۋە ئىبرانىي تىلىدا «روھ» ۋە «نەپەس» دېگەنلەر بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ) بولسا، بەلكىم ئۇلارغا كېلىدىغان روھتىن تېتىتىپ قويۇش ۋە ئۇلارغا روھنىڭ «تولۇق كېلىشى» ئۈچۈن ئۇلارنى تەييارلىغىنى بولسا كېرەك ئىدى.

شۇڭا بىز ئېتىقادچىلار ئادەتتە ئېيتىدىغان «رەببىمىزنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى» دېگەن ئىش («لۇقا» 51:24، «روس.» 9:1) ئەمەلىيەتتە تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر بېشارەت قىلغان مەسىھنىڭ «ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى» ئەمەس ئىدى، دەپ قارايمىز. رەببىمىز ئالىلقاچان مەريەمگە ئېيتقىنىدەك ئاسمانغا چىققان ۋە «خۇدانىڭ ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇلغان» ئىدى. لۇقا بىز ئۈچۈن خاتىرىلىگەن ئۇنىڭ «ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى» («لۇقا» 51:24)، روسۇللارغا ۋە مۇخلىسلىرىغا ئۇنىڭ دەرھەقىقەت «خۇدانىڭ ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇلغان»لىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولدى، دەپ قارايمىز.

بۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن ھەيران قالارلىق شۇ خۇلاسىگە كەلمەي قالمايمىزكى، رەببىمىز ئاتىغا قايتىپ كۆتۈرۈلۈشنى ئۆزى ئۈچۈن قايغۇغا چۆمگەن «ئەرزىمەس» ھېسابلىنىدىغان بىر خوتۇنغا، يەنى «ئۇنىڭدىن يەتتە جىننى ھەيدىۋەتكەن ماگداللىق مەريەم»گە («لۇقا» 2:8) گەپ قىلىش ئۈچۈن توختىتىپ قويغان. بۇ مۇقەددەس تېما ئۇستىدە كۆپ سۆزلەرنى قىلالايدىغان بولساقمۇ، مۇشۇ يەردە پەقەت شۇنى بايقايمىزكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشىگە بىرىنچى گۇۋاھچى بولۇش ئىمتىيازى ئۇنىڭ ئۇلۇغ روسۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ پىشقان بىچارە بىر ئايالغا تەقدىم قىلىنغان. ئۇنىڭ مەسىھگە بولغان مۇھەببىتى شۇنچە كۈچلۈككى، ئۇنىڭسىز ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ، بارغۇدەك ھېچيېرى يوق بولۇپ قالغانىدى.

11:21 «سىمون پېترۇس كېمىگە چىقىپ، تورنى قىرغاققا تارتىپ چىقاردى. تور چوڭ بېلىقلار بىلەن تولغان بولۇپ، جەمئىي بىر يۈز ئەللىك ئۈچ بېلىق بار ئىدى. بېلىق شۇنچە كۆپ بولغىنى بىلەن، تور يىرتىلمىغانىدى».

نېمىشقا يۇھاننا مۇشۇ يەردە دىققىتىمىزنى «بېلىق شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، تور يىرتىلمىغانىدى» دېگەن پاكىتقا تارتماقچى بولىدۇ؟ جەزملەشتۈرىمىزكى، ئۇ بۇ ئىش

بىلەن ئىلگىرىكى بىر ئىشنى ئۇنىڭ ئېسىگە ئېنىق كەلتۈردى. شۇ چاغدا ئۆزى، ئىنىسى ياقۇپ، سىمون ۋە ئاندرىياس ئەيسانىڭ سۆزى بىلەنمۇ نۇرغۇن بېلىقلارنى تۇتقان: —

«ئۇ كېمىلەردىن بىرىگە، يەنى سىموننىڭكىگە چىقىپ، ئۇنىڭدىن كېمىنى قىرغاقتىن سەل يىراقلىتىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئاندىن ئۇ كېمىدە ئولتۇرۇپ توپ-توپ خالايىققا تەلىم بەردى. سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ سىمونغا:

كېمىنى چوڭقۇرراق يەرگە ھەيدەپ بېرىپ، بېلىقلارنى تۇتۇشقا تورلىرىڭلارنى سېلىڭلار، — دېدى.

سىمون ئۇنىڭغا جاۋابەن: — ئۇستاز، بىز پۈتۈن كېچىچە جاپا تارتىپ ھېچ نەرسە تۇتالمىدۇق. بىراق سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن تورنى سالسام سالاي، دېدى.

ئۇلار شۇنداق قىلىۋىدى، نۇرغۇن بېلىقلار تورغا چۈشتى؛ تور سۆكۈلۈشكە باشلىدى» («لۇقا» 5:3-6).

شۇ چاغدا «تور يىرتىلىشقا باشلىدى». نېمىشقا؟ شۇ چاغدا مەسىھ پېترۇسقا «تورلىرىڭلارنى («تورۇڭلارنى» ئەمەس) سېلىپ، بېلىقىڭلارنى تۇتۇڭلار» دېگەنىدى. پېترۇس بولسا: «ئۇستاز، بىز پۈتۈن كېچىچە جاپا تارتىپ، ھېچ نەرسە تۇتالمىدۇق. بىراق سەن دېگەنىكەنسەن، تورنى (بىر تورنى، دېمەك) سالسام سالاي» دېگەن جاۋابى بىلەن ئۆز ئىشەنچىمنى كۆرسەتتىم، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىشەنچى تولۇق ئەمەس ئىدى؛ ئۇ ئېھتىمال مەسىھنىڭ سۆزىگە ئانچە دىققەت قىلماي «تورلارنى» دېگەننى «تور» دەپ ئاڭلىغان ياكى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن بولغىنى: «بۇ كىشىنىڭ بېلىقچىلىق توغرۇلۇق ئانچە خەۋىرى بولمىغاچقا، بىر تورنىلا تاشلىسام ئاندىن ئۇنى ئىسپاتلىيالايمەن» دېگەن ئويدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى گالىلىيە كۆلىدىكى بېلىقلار ئادەتتە كۈندۈزدە چوڭقۇرلۇققا شۇڭغۇپ كېتىدۇ، شۇڭا كۈندۈزدە ئۇلارنى تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس؛ كېچە بولسا بېلىقچىلىق ۋاقتىدۇر.

(ئىزاھات: — ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئىشەنچلىك كونا كۆچۈرمىلەردە «لۇقا» 5:5-ئايەتتە «تورنى سالسام سالاي» دەپ پۈتۈلگەن. باشقا ئاز بىر قىسىم تېكىستلەردە «تورلارنى سالسام سالاي» دەپ پۈتۈلگەن).

ئالدىنقى قېتىم، ئۇ ۋە ھەمراھلىرى مەسىھنىڭ گېپىگە تولۇق كىرمەي، بىلىقلارنىڭ كۆپ بولۇشى تۈپەيلىدىن تورى يىرتىلىپ كېتىپ، پەقەت ئازراقلا بىلىق تۇتالىغانىدى. ئۇ چوقۇم بۇ ئىشتىن «ئۇستازىمىزنىڭ گېپىنى تولۇق ئاڭلىشىمىز كېرەك» دەپ چوڭ بىر ساۋاق ئالغانىدى.

ئىككىنچى قېتىم تورغا چۈشكەن بىلىقلار ئوخشاش كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تورى يىرتىلمىغانىدى. تورنىڭ يىرتىلماسلىقى قېرىندىشىمىز يۇھانناغا ئۆزلىرىنىڭ بىلىقنى تۇتقىنىغا ئوخشاش مۆجىزىلىك بىر ئىش كۆرۈنەتتى ۋە ئۇ بۇنى بىز ئۈچۈن خاتىرىلەيدۇ. لېكىن رەببىمىز بۇ قېتىمدا پەقەت «تورۇڭلارنى (بىر تور) سېلىڭلار» دېگەنىدى. ھالقىلىق ئىش ئۇنىڭ سۆزىدۇر.

خۇدا بىزگە دېگىنىنى تولۇق، توغرا ئاڭلىغۇدەك قۇلاقلارنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ سۆز-كالامىغا بولغان تولۇق ئىمان-ئىشەنچنى بەرگەي!

15:21 «ئۇلار ناشتا قىلىغاندىن كېيىن، ئەيسا سىمون پېترۇستىن:
— يۇنۇسنىڭ ئوغلى سىمون، سەن مېنى بۇلاردىنمۇ چوڭقۇر سۆيەمسەن؟
— دەپ سورىدى».

بۇ سوئالدا «بۇلار» كىملەرنى ياكى نېمىلەرنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ ئۇلار تۇتقان بېلىقلارنى، ياكى بولمىسا پېترۇسنىڭ ئەسلىي كەسپى بولغان بېلىقچىلىقنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتەمدۇ؟ بىز ئۇنداق ئويلىمايمىز. ئەمدى رەببىمىزنىڭ مەنىسى: «سېنىڭ مېنى سۆيگىنىڭ سېنىڭ بۇ مۇخلىسلارنى سۆيگىنىڭدىن ئارتۇقمۇ؟» دېگەندەك بولۇشى كېرەكمۇ؟ بىز يەنە ئۇنداق ئويلىمايمىز. چۈنكى پېترۇستا رەبنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئۈستىدە ھېچقانداق مۇجمەللىك يوق ئىدى. لېكىن ئېسىمىزدە باركى، رەببىمىز ئۆزىنىڭ تۇتۇپ بېرىلىشى توغرۇلۇق سۆزلىگەندە ئۇلارغا: «ھەممىڭلار بۈگۈن كېچە مېنى تاشلاپ قېچىپ كېتىسىلەر» دەپ ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، پېترۇس بىرىنچى بولۇپ رەددىيە بەرگەن: —

«لېكىن پېترۇس ئۇنىڭغا:
— ھەممەيلەن تاندۇرۇلۇپ پۇتلاشسىمۇ، مەن ھەرگىز پۇتلاشمايمەن،
دېدى.

ئەيسا ئۇنىڭغا: — مەن ساڭا بەرھەق شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۈگۈن، يەنى بۈگۈن كېچە خوراز ئىككى قېتىم چىللىغۇچە، سەن مەندىن ئۈچ

قېتىم تانىسەن، ــ دېدى.
لېكىن پېترۇس تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا:
ــ سەن بىلەن بىللە ئۆلىدىغان ئىش كېرەك بولسىمۇ، سەندىن ھەرگىز تانمايمەن، ــ دېدى. قالغان ھەممە مۇخلىسلارمۇ شۇنداق دېيىشتى»
(«مار.» 14:29-31).

شۇنىڭ بىلەن پېترۇسنىڭ: «ھەممەيلەن تېيىلىپ پۇتلاشسىمۇ، مەن ھەرگىز پۇتلاشمايمەن» دەپ تۇرۇپ، ئۆزىدىن ئۈچ قېتىم تانغىنىدىن كېيىن رەببىمىز ئۇنىڭغا بۇ ئاددىي سوئالنى قويىدۇ: ــ
«سەن مېنى بۇلاردىنمۇ چوڭقۇر سۆيەمسەن؟» ــ يەنى، «يۇنۇسنىڭ ئوغلى سىمون، سېنىڭ مېنى سۆيۈشۈڭ (چوڭ گەپ قىلغىنىڭ بىلەن) بۇلارنىڭ مېنى سۆيۈشىدىن چوڭقۇرمۇ؟».
پېترۇس ئۇنىڭدىن ئۈچ قېتىم تايانغاندىن كېيىن رەببىمىز بۇ سوئالنى ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم قويىدۇ.
خۇدا ئۆز يوللىرىدا بىزنىڭ ئۆز ئاجىز تەبىئىيتىمىز توغرۇلۇق ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالدىشىمىزغا ياكى «ئىخلاسمەنلىكىمىز» ياكى «سادىقلىقىمىز» توغرۇلۇق يوچىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا يول قويمايدۇ. بۇنىڭغا بىز ئىنتايىن مىننەتدارمىز. ئۇ ھەتتا بىز پېترۇستەك ئۇنىڭدىن تېنىپ كەتكەسەكمۇ، بىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ بىزدىن سورىغان سوئاللىرىغا سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، گۇناھ-سەۋەنلىكىمىزنى ئوچۇق ئىقرار قىلساقلا، ئۇ بىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئىنجىلدىكى «بايانلار»دا ئۇچرىغان ئىككىلىنىپ، تەمتىرەپ كەتكەن پېترۇسنى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە ئۇچرىغان جاسارەتلىك دادىل پېترۇسقا ئايلاندۇرغۇچى خۇدا بىز ئۈچۈن ئوخشاش ئىشنى قىلىشقا قادىردۇر.

# ئىنجىل 5-قىسىم

# «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»

## كىرىش سۆز

«روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نىڭ مۇئەللىپى روسۇل پاۋلۇسنىڭ يېقىن ھەمراھى بولغان تېۋىپ لۇقا ئىدى. كىتابنىڭ نامىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بۇ كىتابنى مەسىھنىڭ ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپ ئۆزىگە ئېتىقاد باغلىغانلارغا مۇقەددەس روھنى ئەۋەتكىنىدىن تارتىپ دەسلەپكى جامائەتنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىللىق مۇساپىسىغىچە بولغان تارىخىدىن تاللانما، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا خۇش خەۋەرنىڭ ئاۋۋالقى تارقىتىلىش يولى ۋە جامائەتنىڭ ئۆسۈپ كېڭىيىش جەريانى خاتىرىلىنىدۇ.

ئىنجىل «لۇقا»غا كىرىش سۆزىمىزدە، «لۇقا»نىڭ ۋە «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نىڭ ھەر ئىككىسى لۇقا تەرىپىدىن يېزىلغان، بۇ ئىككى كىتاب ئەمەلىيەتتە بىر ئىزچىل تارىختۇر، دەپ كۆرسەتكەنىدۇق. «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» (ئىككىنچى كىتاب)نىڭ بېشىدا بىز مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇيمىز: —

«ئى ھۆرمەتلىك تېئوفىلوس، مەن دەسلەپ يازغان بايان ئەيسا ئۆزى تاللىغان روسۇللارغا مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئەمرلەرنى تاپشۇرۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن كۈنگىچە بولغان ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ھەم بارلىق تەلىم بېرىشلىرىنىڭ باشلانمىسى توغرىسىدا ئىدى».

بىرىنچى بايان («لۇقا») «ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن كۈنگىچە.... ئەيسانىڭ بارلىق ئەمەللىرى ھەم بارلىق تەلىم بېرىشلىرىنىڭ باشلانمىسى» توغرىسىدا بولغان بولسا، لۇقانىڭ ئىككىنچى بايانى «ئەيسانىڭ بارلىق ئەمەللىرى ھەم بارلىق تەلىم بېرىشلىرىنىڭ داۋامى» توغرىسىدا بولۇش كېرەك، دېيىش ئورۇنلۇق ئەمەسمۇ؟ بۇ كۆزقاراش

ئىككىنچى باياننىڭ بېشىدىكى مۇنۇ سۆزلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ: ــ «ئەيسا ئۆزى تاللىغان روسۇللارغا مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئەمرلەرنى تاپشۇرغان...». مەسىھنىڭ يەر يۈزىدىكى خىزمىتى هامان مۇقەددەس روھقا تايانغان بولۇپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن شۈبھىسىزكى، خۇدائاتىنىڭ ئىرادىسىگە مۇقەددەس روھ ئارقىلىق، روسۇللىرى ۋە جامائەتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەل قىلىش داۋاملىشىدۇ.

شۇڭا بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى «ئەيسانىڭ (داۋام قىلغان) پائالىيەتلىرى» ياكى «مۇقەددەس روھنىڭ پائالىيەتلىرى» دەپ ئاتىغان بولساق مۇۋاپىقراق كېلەتتى. هالبۇكى، بىر جامائەتتىكى 1900 يىللىق ئەنئەنىگە ئەگىشىپ كىتابنى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» دەپ ئاتىدۇق.

گەرچە ئەمدى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نىڭ سەھىپىلىرىدە روسۇللار ھەم جامائەتنىڭ «ئەمەل قىلىشى» ھەم «تەلىم بېرىشى»نى كۆرگىنىمىز بىلەن ئەمەل قىلغۇچى ۋە تەلىم بەرگۈچى بولسا ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىش كۆرگۈچى مەسىھ ئۆزىدۇر (گالاتىيالىقلارغا» 2:20نى كۆرۈڭ). ئىنجىل، «يۇھاننا» 16-بابتا مەسىھ ئەيسا روسۇللىرىغا مۇقەددەس روھنىڭ كېلىشى ۋە كەلگۈسىدىكى خىزمىتى توغرۇلۇق تەلىم بېرىدۇ: ــ

«سىلەرگە ئېيتىدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى؛ لېكىن سىلەر ئۇلارنى ھازىرچە كۆتۈرەلمەيسىلەر. لېكىن ئۇ، يەنى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە، ئۇ سىلەرنى بارلىق ھەقىقەتكە باشلاپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمەيدۇ...» (16:12-14).

بىز «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە مەسىھنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرەلەيمىز. مۇھىم بىر مىسال ئالايلى، ئەيسا روسۇللىرىغا نىجاتلىق سۆز-كالامىنى «يات ئەللىكلەر»گە («تائىپىلەرگە») يەتكۈزۈش كېرەكلىكىنى بىرنەچچە قېتىم ئوچۇق ئېيتقىنى بىلەن (مەسىلەن «مات.» 19:28، ۋە مۇشۇ كىتابنىڭ بېشىدا ــ «سىلەر... يېرۇسالېم، پۈتۈن يەھۇدىيە ۋە سامارىيە ئۆلكىلىرى، جاھاننىڭ چەتلىرىگىچە ماڭا گۇۋاھچى بولىسىلەر») بۇ سۆزلەر روسۇللارنىڭ قۇلاقلىرىغا پەقەت كىرمىگەن.

بىزگە نىسبەتەن يەھۇدىيلارنىڭ كۆڭلىدىن يەھۇدىي ئەمەسلەر («يات ئەللىكلەر») گە ئۇرۇن بېرىشنىڭ تولىمۇ تەسلىكىنى بەلكىم تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ

كۆزقارىشىدا ئۆزلىرىدىن باشقا پۈتكۈل دۇنيا بۇتپەرەسلىككە چۆمۈپ كەتكەن، دائىم هارام يېمەكلەردىن بۇلغىنىدىغانلار بولۇپ، ھەقىقىي خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان يەھۇدىيلارغا دۈشمەن ئىدى. يەھۇدىي خەلقى كۆپ قېتىم يات ئىمپېرىيەلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان، ھەتتا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ سۈرگۈن قىلىنغان، زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغان. ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىدە خىزمەت قىلغاندا، شۇنداقلا «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نىڭ ۋاقتىدىمۇ ۋەتىنى بولغان پەلەستىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلار نەپرەتلىنىدىغان رىملىقلارنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. يەھۇدىي بولمىغان بىر كىشى بىلەن ھەمداستىخان ئولتۇرۇشنى ئۆز خەلقىگە خائىنلىق قىلغانغا باراۋەر دەپ قارىلاتتى. لېكىن «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە رەب روسۇللىرى ۋە جامائەتتىكىلەرنىڭ «يات ئەللىكلەر»گە كۆڭلىدىن ئورۇن بېرىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچ-باغرىنى كەڭ قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار يەھۇدىي ئەمەسلەرگە نىجاتلىقنى (مەسىھنىڭ قۇربانلىقىغا ۋە تىرىلگەنلىكىگە ئېتىقاد باغلاش ئارقىلىق خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ۋە يېڭى ھاياتقا مۇيەسسەر بولۇشنى) سۆزلەپ يەتكۈزۈش كېرەك بولۇپلا قالماي، يەھۇدىي ئەمەسلەرنى مەسىھنىڭ تېنى بولغان جامائەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۆزلىرى بىلەن بۇ ئىشتا ئاكا-ئۇكا، ھەدە-سىڭىل، شېرىك سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. روسۇل پاۋلۇسنىڭ «ئەف.» 2:11-22دىكى بۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىرىنى كۆرۈڭ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە مەسىھدە بولغان نىجاتلىقنىڭ خەۋىرى ئاۋۋال يەھۇدىيلارغا قايتا-قايتا سۇنۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۇنى رەت قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىدىن ۋاز كېچىپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشكۈچىلەر بولسا كۆپىنچىسى يەھۇدىيلار نەپرەتلىنىدىغان بۇتپەرەس «يات ئەللىكلەر»دىن ئىدى. «رىملىقلارغا» 9-11-بابلارنى كۆرۈڭ.

مانا بۇ، رەبنىڭ جامائەتكە «تەلىم بېرىشىنىڭ داۋامى»دىن بىر مىسالدۇر. تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىرى بولسا مەسىھنىڭ شەخسى ۋە خۇدالىق تەبىئىتى توغرۇلۇق ئىدى (ئۇنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ تەلىم بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىرىنى «يۇھ.» 14:16دىن كۆرۈڭ).

ئۇشبۇ كىتابنىڭ بىزگە ئۆگىتىدىغان مۇھىم ئىشلاردىن بىرى شۇكى، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ مۇقەددەس روھ بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىشى مۇتلەق كېرەكتۇر. «روسۇللارنىڭ

پائالىيەتلىرى»دە كۆرۈنگەن ئېتىقادچىلار بولسا «تۆت بايان»دا كۆرۈنگەن، مۇقەددەس روھ كېلىشتىن ئىلگىرىكى شۇ كىشىلەر ئەمەس. «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە كۆرۈنگەن روسۇل پېترۇس «تۆت بايان»دا كۆرۈنگەن روسۇل پېترۇس ئەمەس. «تۆت بايان»دا كۆرۈنگەن پېترۇس ئىشەنچسىز، باشباشتاق، ئۆزىگە قاتتىق تەممەنا قويىدىغان ئەمما خۇدانىڭ مۇھەببىتىگە، قۇدرىتىگە ۋە خۇدانىڭ رىزىق بېرىدىغانلىقىغا نىسبەتەن ئىشەنچى ئاجىز، ئارىسالدى كىشى ئىدى. ئۇ رەببى بولغان مەسىھدىن ئۈچ قېتىم تانغان پېترۇسدۇر. بىراق «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە بولسا پۈتۈنلەي باشقىچە بىر پېترۇسنى كۆرىمىز. ئۇ ئىسرائىلنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئالدىدا يۈرەكلىك بىلەن ساختىپەزلىكنى ئەيىبلەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قىلچىلىكمۇ بۇرۇنقى پو ئېتىش ئادىتى كۆرۈلمەيدۇ. ئۇ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، كەمتەر، ئىمان-ئىشەنچكە تولغان، ئىتائەتمەن، تەلىم-تەربىيە قوبۇل قىلالايدىغان، دانا كىشىدۇر. ئەمدى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش نەدىن بولغان؟ قىسقىسى، ئۇ مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرۈلگەن، «قايتىدىن تۇغۇلغان» ئىدى. ئاسمان-زېمىندا مۇقەددەس روھتىن باشقا ئادەمنى مۇشۇنداق ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر. ھەقىقىي ھاياتلىق، روھىي ھاياتلىق بولۇشى ئۈچۈن ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرۈلۈشى كېرەك.

«روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە مەسىھنىڭ جامائىتىدە ھەقىقىي سۆزلىگۈچى، يېتەكلىگۈچى ۋە جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىنىڭ بىرەر ئادەم ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھ ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بىز شۇنىڭدەك خۇدانىڭ ھەقىقىي جامائىتى بولسا ئادەملەر باشقۇرىدىغان، بىرەر مەركىزى چوڭ باش شتابقا ياكى «مۇدىرىيەت كېڭەشمىسى»گە ئىگە قانداقتۇر بىر تەشكىلات ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز؛ روسۇل پاۋلۇس بىز ئۈچۈن «1كور.» 12:12-31دە ئېنىق تەسۋىرلىگەندەك جامائەت بىر تەندۇر. ئۇنىڭ بېشى مەسىھ ئەرشتە تۇرىدۇ، يەر يۈزىدىكى ھەربىر ئېتىقادچى بولسا ئۇنىڭ تېنىگە تەۋە ئەزاسىدۇر. ھەربىر ئەزاسى ئۆز ئالاھىدە خىزمىتى بار بولغان، يېتەكچىلىكنى ئادەمدىن ئەمەس، بەلكى بىۋاستە ھالدا بېشى بولغان مەسىھتىن ئالىدۇ. «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» بولسا بۇنىڭ ھەقىقەتلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا مەزكۇر كىتاب بىرەر «جامائەت ئىشلىرىغا قوللانما» بولۇش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئېتىقادچىغا باش بىلەن بولىدىغان ئاشۇ بىۋاستە شەرەپلىك ئالاقىنى

ئىزدەشكە، شۇنداقلا مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە مېڭىشقا ئىنتىلىشكە رىغبەت-
تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە يېزىلغاندۇر. ھەربىر ئەزا باشنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ماڭغاندا،
ئۇنداقتا بارلىق «تەن» ئەزالىرىنىڭ «پائالىيەتلىرى» ئىنساننىڭ ئالدىن پىلانلىشى بىلەن
بولمىسىمۇ، لېكىن بىر-بىرىگە ئاجايىب ماسلىشىدۇ. بۇ كىتابتىن بىز كۆتكەن بەزى
ئىشلارنى تاپالمىغانلىقىمىزدىن بەلكىم ھەيران قېلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، كىتابتا
ئىنسانلارنىڭ ئويلاپ چىققان ھېچقانداق ئەقىل-پىلانلىرى، ھېچ ئىقتىسادىي پىلانلار
(ئىنجىلدا، خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولغانلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاجەتلىرى بەك ئاز تىلغا
ئېلىنىدۇ)، ھېچقانداق مەخسۇس بىنالار («چېركاۋ» قاتارلىقلار)، كۆزگە كۆرۈنگەن
ھېچقانداق ئالاھىدە «تەربىيە كۇرسلىرى» توغرىسىدا بايانلار يوقتۇر ــ لېكىن بۇ تارىخ
خاتىرىلەنگەن مەزگىل خۇش خەۋەر ئاللىقاچان ياۋروپا، ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى يىراق
يەرلەرگە تارقالغان ۋە شۇ يەرلەردە ئېتىقادچى جامائەتلەر بارلىققا كەلگەن مەزگىل ئىدى.
مانا بۇ، خۇدانىڭ ئۆزى قىلغانلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئەرلەر بولسۇن، ئاياللار بولسۇن، كىشىلەر
ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىش ۋە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا تەييار تۇرسا مۇنداق نەتىجە چىقماي
قالمايدۇ.

## مەزمۇن: –

1. جامائەتنىڭ «تۇغۇلۇش»ى ۋە ئۆسۈشى (1-5-بابلار)
2. جامائەتنىڭ زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىشى ۋە كېڭىيىشى (جۈملىدىن خۇش خەۋەرنىڭ سامارىيەلىكلەرگە ۋە ئافرىقىلىقلارغا جاكارلىنىشقا باشلىنىشى) (6-8-بابلار)
3. پاۋلۇسنىڭ مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشى ۋە خۇش خەۋەر تارقىتىشى (9-باب، 1-31-ئايەتلەر)
4. روسۇل پېترۇسنىڭ خۇش خەۋەر جاكارلاش خىزمىتى، جۈملىدىن «يات ئەللىكلەر»گە جاكارلاشقا «ئىشىكنى چوڭ ئېچىشى» (32:9-ئايەتتىن 25:12-ئايەتكىچە)
5. روسۇل پاۋلۇسنىڭ بىرىنچى قېتىملىق خىزمەت سەپىرى (13-14-بابلار)
6. روسۇللار بىلەن يېتەكچىلەرنىڭ يېرۇسالېمدىكى كېڭەشمىسى (15-باب، 1-35-ئايەتلەر)
7. روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق خىزمەت سەپىرى (36:15تىن 22:18-ئايەتكىچە)
8. روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق خىزمەت سەپىرى (23:18تىن 14:21-ئايەتكىچە)
9. روسۇل پاۋلۇسنىڭ يېرۇسالېمغا بېرىشى ۋە قولغا ئېلىنىشى (15:21-26-باب)
10. روسۇل پاۋلۇسنىڭ رىمغا سەپىرى (27-28-بابلار)

# روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى

## مۇقەددىمە

1 ئى[2-1] تېئوفىلوس، مەن دەسلەپ يازغان بايان ئەيسا ئۆزى
تاللىغان روسۇللارغا مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئەمرلەرنى
تاپشۇرۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن كۈنگىچە بولغان ئۇنىڭ بارلىق
ئەمەللىرى ھەم بارلىق تەلىم بېرىشلىرىنىڭ باشلانمىسى توغرىسىدا
ئىدى.
[3] ئۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقاندىن كېيىن، ئۇلارغا كۆپ ئىسپاتلار
بىلەن ئۆزىنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن؛ ئۇ ئۇلارغا قىرىق
كۈن ئىچىدە كۆرۈنگەن بولۇپ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ئائىت ئىشلار
توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن؛ [4] ۋە ئۇلار بىلەن جەم قىلىنغاندا مۇنداق
ئەمر قىلدى: — «يېرۇسالېمدىن ئايرىلماي، سىلەر مەندىن ئاڭلىغان،
ئاتىنىڭ ۋەدىسىنى كۈتۈڭلار. [5] چۈنكى يەھيا سۇدا چۆمۈلدۈرگەن،
لېكىن سىلەر بولساڭلار كۆپ كۈنلەر ئۆتمەي مۇقەددەس روھتا
چۆمۈلدۈرۈلىسىلەر».

---

2-1:1 **«مەن دەسلەپ يازغان بايان ئەيسا ئۆزى تاللىغان روسۇللارغا مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئەمرلەرنى تاپشۇرۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن كۈنگىچە بولغان ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ھەم بارلىق تەلىم بېرىشلىرىنىڭ باشلانمىسى توغرىسىدا ئىدى»** — دېمەك، «لۇقا» دېگەن كىتابتا ««ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ھەم بارلىق تەلىم بېرىشلىرىنىڭ باشلانمىسى» خاتىرىلىنىدۇ؛ «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە بولسا ئەيسانىڭ «بارلىق ئەمەللىرى ھەم بارلىق تەلىم بېرىشلىرى»نىڭ داۋامى خاتىرىلىنىدۇ.

**2-1:1** لۇقا 1:1-3؛ مار. 19:16؛ لۇقا 51:9؛ يـۇھ. 21:20؛ ئەف. 17:2؛ 1تىم. 16:3.

**3:1** مار. 14:16؛ يـۇھ. 19:20؛ 1:21؛ 1كور. 5:15.

4:1 **«ئاتىنىڭ ۋەدىسى»** — مۇقەددەس روھ، ئەلۋەتتە.

**4:1** لۇقا 48:24، 49؛ يـۇھ. 26:14؛ 26:15؛ 7:16.

**5:1** يەش. 3:44؛ يو. 2:27-29؛ مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 4:2؛ 15:11، 16؛ 4:19.

## ئەيسانىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى

6 روسۇللار ئۇنىڭ بىلەن جەم قىلىنغاندا، ئۇنىڭدىن: ــ ئى رەب،
سەن مۇشۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقىنى ئەسلىگە
كەلتۈرمەكچىمۇسەن؟ ــ دەپ سوراشقا باشلىدى.
7 ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
ئاتا ئۆز ھوقۇقىغا ئاساسەن بېكىتكەن ۋاقىت-پەيتلەرنى سىلەرنىڭ
بىلىش نېسىۋەڭلار يوق. 8 بىراق مۇقەددەس روھ ئۈستۈڭلارغا
چۈشكەندە سىلەر كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولىسىلەر، يېرۇسالېم،
پۈتۈن يەھۇدىيە ۋە سامارىيە بويىچە ھەم جاھاننىڭ چەتلىرىگىچە
ماڭا گۇۋاھچى بولىسىلەر.
9 ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئۇلار قاراپ تۇرغاندا كۆتۈرۈلدى، بىر
پارچە بۇلۇت ئۇنى ئارىغا ئالدى-دە، ئۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن غايىب
بولدى. 10 ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ
قاراشقاندا، مانا تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاق كىيىم كىيگەن
ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ:

6:1 **«مۇشۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچىمۇسەن؟»** ــ ياكى «مۇشۇ ۋاقىتتا پادىشاھلىقنى ئىسرائىلغا قايتۇرامسەن؟».

**6:1** مات. 3:24.

7:1 **«ئاتا ئۆز ھوقۇقىغا ئاساسەن بېكىتكەن ۋاقىت-پەيتلەرنى سىلەرنىڭ بىلىش نېسىۋەڭلار يوق»** ــ «ئاتا» مۇشۇ يەردە خۇدانى كۆرسىتىدۇ.

**7:1** مات. 36:24.

**8:1** يەش. 3:2؛ لۇقا 48:24؛ يۇھ. 27:15؛ روس. 4:2، 32؛ ئەز.23:11؛ زەك.14:4.

**9:1** مار. 19:16؛ لۇقا 51:24.

10:1 **«ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاق كىيىم كىيگەن ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ...»** ــ بۇ «ئادەملەر» پەرىشتىلەر بولسا كېرەك.

**10:1** مات. 3:28.

[11] ــ ئەي گالىلىيەلىكلەر، نېمىشقا ئۆرە تۇرغىنىڭلارچە ئاسمانغا قاراپ قالدىڭلار؟ سىلەر سىلەردىن ئايرىلىپ ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن شۇ ئەيسانىڭ ئاسمانغا قانداق كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرگەن بولساڭلار، يەنە شۇ هالدا قايتىپ كېلىدۇ، ــ دېدى.

## يەھۇدانىڭ ئورنىغا ماتتىياسنىڭ تاللىنىشى

[12] ئاندىن ئۇلار يېرۇسالېمغا يېقىن، ئۈنىڭدىن بىر چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى زەيتۇن تېغىدىن يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلدى.
[13] ئۇلار شەھەرگە كىرىپ، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى بىر ئۆيگە چىقتى. شۇ يەردە پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپ، ئاندرىياس، فىلىپ، توماس، بارتولوماي، ماتتا، ئالفاينىڭ ئوغلى ياقۇپ، «مىللەتپەرۋەر» سىمون ۋە يەنە بىر ياقۇپنىڭ ئوغلى يەھۇدا بار ئىدى. [14] بۇلار بىر جان بىر دىل بولۇپ ئۈزۈلدۈرمەي بىرلىكتە دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتى؛ بۇ ئىشتا بىر يەرگە جەم بولغانلاردىن بىرقانچە ئايال، جۈملىدىن ئەيسانىڭ ئانىسى مەريەم ھەمدە ئەيسانىڭ ئىنىلىرىمۇ بار ئىدى.
[15] شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پېترۇس قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپ (جەم بولۇشقانلار بىر يۈز يىگىرمىگە يېقىن ئىدى) مۇنداق

---

11:1 **«سىلەر سىلەردىن ئايرىلىپ ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن شۇ ئەيسانىڭ ئاسمانغا قانداق كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرگەن بولساڭلار، يەنە شۇ ھالدا قايتىپ كېلىدۇ»** ــ «دان.» 7:13-14، «زەك.» 1:14-3نى كۆرۈڭ.

**11:1** دان. 7:13؛ زەك.4:14؛ مات. 30:24؛ مار. 26:13؛ لۇقا 27:21؛ 1تېس. 10:1؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

12:1 **«ئۈنىڭدىن بىر چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى زەيتۇن تېغى...»** ــ گرېك تىلىدا «ئۈنىڭدىن شابات كۈنلۈك بىر سەپەر يىراقلىقتىكى زەيتۇن تېغى...)».

13:1 **«شۇ يەردە پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپ، ئاندرىياس، فىلىپ، توماس، بارتولوماي، ماتتا، ئالفاينىڭ ئوغلى ياقۇپ، «مىللەتپەرۋەر» سىمون ۋە يەنە بىر ياقۇپنىڭ ئوغلى يەھۇدا بار ئىدى»** ــ گرېك تىلىدا «شۇ يەردە پېترۇس بىلەن يۇھاننا ۋە ياقۇپ بىلەن ئاندرىياس، فىلىپ ۋە توماس، بارتولوماي ۋە ماتتا، ئالفاينىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە «مىللەتپەرۋەر» سىمون ۋە يەنە بىر ياقۇپنىڭ ئوغلى يەھۇدا بار ئىدى».

**14:1** مات. 55:13.

دېدى:

[16]ــ قېرىنداشلار، ئەيسانى تۇتقانلارغا يول باشلىغۇچى بولغان يەھۇدا ھەققىدە مۇقەددەس روھنىڭ بۇرۇن داۋۇت ئارقىلىق ئالدىن ئېيتقان مۇقەددەس يازمىلاردىكى سۆزلىرى ئەمەلگە ئېشىشى مۇقەررەر ئىدى. [17] چۈنكى يەھۇدامۇ ئارىمىزدىن بىرى ھېسابلانغان ۋە خۇدانىڭ بۇ خىزمىتىدىن نېسىۋىسى بار ئىدى [18](ئۇ قىلغان قەبىھلىكىنىڭ ئىنئامىدىن ئېرىشكەن پۇلغا بىر پارچە يەر سېتىۋالغانىدى، ئۇ شۇ يەردە بېشىچىلاپ يىقىلىپ، ئۈچەي-قېرىنى چۇۋۇلۇپ كەتتى؛ [19]بۇ ئىش پۈتكۈل يېرۇسالېمدىكىلەرگە مەلۇم بولۇپ، ئۇلار ئۇ يەرنى ئۆز تىلى بىلەن «ھاقەلدەما» دەپ ئاتاشتى. بۇنىڭ مەنىسى «قان تۆكۈلگەن يەر» دېگەنلىكتۇر) [20]چۈنكى زەبۇردا يەھۇداغا قارىتىلغان مۇنۇ سۆزلەر پۈتۈلگەن: ــ

«ئۇنىڭ تۇرالغۇسى چۆلگە ئايلانسۇن،

ئۇنىڭدا ھېچ تۇرغۇچى بولمىسۇن!»

ۋە: ــ

«ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىغا باشقا بىرسى چىقسۇن!»

[22-21]شۇنىڭ ئۈچۈن، رەب ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىگە بىز بىلەن تەڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ئۈچۈن، بىر كىشىنى تاللىشىمىز كېرەك. بۇ كىشى ئەيسا ئارىمىزدا يۈرگەن كۈنلەردە، يەھيا پەيغەمبەردىن

---

16:1 **«داۋۇت ئارقىلىق ئالدىن ئېيتقان...»** ــ گرېك تىلىدا «داۋۇتنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئالدىن ئېيتقان...».

**16:1** زەب. 9:41؛ مات. 23:26، 47؛ مار. 43:14؛ يۇھ. 18:13؛ 3:18.

**17:1** مات. 4:10؛ مار. 19:3؛ لۇقا 16:6.

**18:1** 2سام. 23:17؛ مات. 5:27.

**19:1** مات. 8:27.

20:1 **«ئۇنىڭ تۇرالغۇسى چۆلگە ئايلانسۇن، ئۇنىڭدا ھېچ تۇرغۇچى بولمىسۇن!»** ــ «زەب.» 25:69. **«ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىغا باشقا بىرسى چىقسۇن!»** ــ «زەب.» 8:108.

**20:1** زەب. 25:69؛ 8:109

چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ تاكى ئاسمانغا
كۆتۈرۈلگەن كۈنگىچە بىز بىلەن باشتىن-ئاخىر بىللە بولغان
كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك، ــ دېدى.
[23] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۈسۈپ (يەنە بارساباس دەپمۇ ئاتالغان، يەنە
بىر ئىسمى يۇستۇس) بىلەن ماتتىياس دېگەن ئىككى كىشىنى
بېكىتىپ، مۇنداق دۇئا قىلىشتى:
[24-25] ــ سەن، ئى ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىنى بىلگۈچى پەرۋەردىگار!
يەھۇدا تېيىلىپ بۇ خىزمەت ۋە روسۇللۇقتىن مەھرۇم بولۇپ ئۆزىگە
خاس بولغان يەرگە كەتتى. ئەمدى ئۇ تاشلاپ قويغان خىزمەت ۋە
روسۇللۇقنىڭ نېسىۋىسىگە ئىگە بولۇشقا بۇ ئىككىيلەندىن
قايسىسىنى تاللىغانلىقىڭنى كۆرسەتكەيسەن!
[26] ئاندىن ئۇلار بۇ ئىككى كىشىگە چەك تاشلىۋىدى، چەك ماتتىياسقا
چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئون بىر روسۇل بىلەن بىر قاتاردىن ئورۇن
ئالغان ھېسابلاندى.

## مۇقەددەس روھنىڭ ئېتىقادچىلارغا كېلىشى

2 [1] ئەمدى «ئورما ھېيت» كۈنىنىڭ ۋاقتى-سائىتى توشقاندا،
بۇلارنىڭ ھەممىسى يېرۇسالېمدا بىر يەرگە جەم بولغانىدى.

---

22-21:1 **«رەب ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىگە بىز بىلەن تەڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ئۈچۈن، بىر كىشىنى تاللىشىمىز كېرەك»** ــ دېمەك، يەھۇدانىڭ ئورنىغا «گۇۋاقلاق بېرىش» ئۈچۈن.

22-21:1 روس. 3:6.

23:1 روس. 6:6.

25-24:1 1سام. 17:16؛ 1تار. 9:28؛ 17:29؛ زەب. 9:7؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20؛ روس. 8:15؛ ۋەھ. 23:2.

26:1 **«ئاندىن ئۇلار بۇ ئىككى كىشىگە چەك تاشلىۋىدى، چەك ماتتىياسقا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئون بىر روسۇل بىلەن بىر قاتاردىن ئورۇن ئالغان ھېسابلاندى»** ــ «ئون ئىككىنچى روسۇل» دېگەن تېما توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**2 ئاسماندىن تۇيۇقسىز كۈچلۈك شامال سوققاندەك بىر ئاۋاز
ئاڭلىنىپ، ئۇلار ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينى بىر ئالدى. 3 ئوت يالقۇنىدەك
تىللار ئۇلارغا كۆرۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۈستىگە تارقىلىپ
قوندى. 4 ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلۇپ، روھ ئۇلارغا
سۆز ئاتا قىلىشى بىلەن ئۇلار نامەلۇم تىللاردا سۆزلىگىلى تۇردى.
5 ئۇ چاغدا، يېرۇسالېمدا ئاسمان ئاستىدىكى بارلىق ئەللەردىن
كەلگەن نۇرغۇن ئىخلاسمەن يەھۇدىي ئەرلەرمۇ تۇرۇۋاتقانىدى. 6 ئەمدى
ئېتىقادچىلارنىڭ بۇ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، توپ-توپ ئادەملەر شۇ يەرگە
جەم بولۇشتى ھەمدە ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى
تىللاردا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تېڭىرقاپ قېلىشتى. 7 ئۇلار
ھەيران بولۇپ تەئەججۈپلىنىپ:
قاراڭلار، سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى گالىلىيەلىكلەرغۇ؟
8 قانداقلارچە ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىزدىكى تىللىرىمىزدا**

---

1:2 **««ئورما ھېيت» كۈنىنىڭ ۋاقتى-سائىتى توشقاندا،..»** ــ ياكى «ئورما ھېيت كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندا،...». بۇ تەرجىمە توغرا بولسا «ئورما ھېيت كۈنى»نىڭ ئۆزى بىرخىل بېشارەت ياكى «بېشارەتلىك رەسىم» بولىدۇ. «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىكى «ھېيتلار» توغرۇلۇق مەزمۇننى كۆرۈڭ.
—«ئورما ھېيت» ــ «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دىن كېيىنكى ئەللىكىنچى كۈنى كېلىدىغان ھېيت، شۇڭلاشقا بەزى ۋاقىتلاردا گرېك تىلىدا «ئەللىكىنچى كۈندىكى ھېيت» («پېنتېكوست») دەپ ئاتىلىدۇ (بەلكىم ماينىڭ بېشى ئەتراپىدا).

**1:2** لاۋ. 15:23؛ قان. 9:16؛ روس. 14:1.

**4:2** مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ 17:16؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:14؛ 26:15؛ 13:16؛ روس. 46:10؛ 15:11؛ 6:19.

5:2 **«ئۇ چاغدا، يېرۇسالېمدا ئاسمان ئاستىدىكى بارلىق ئەللەردىن كەلگەن نۇرغۇن ئىخلاسمەن يەھۇدىي ئەرلەرمۇ تۇرۇۋاتقانىدى»** ــ مۇشۇ ئەرلەر بەلكىم ھېيتنى تەبرىكلەشكە كەلگەنىدى.

6:2 **«ئەمدى ئېتىقادچىلارنىڭ بۇ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، توپ-توپ ئادەملەر شۇ يەرگە جەم بولۇشتى...»** ــ «ئاۋاز» دېگەن سۆز توغرۇلۇق ئۈچ چۈشەنچە بار: (1) 2-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئاسماندىن (چۈشكەن)... ئاۋاز»؛ (2) تەرجىمىمىزدەك، بارلىق ئېتىقادچىلار نامەلۇم تىل بىلەن خۇدانى مەدھىيەلىگەن چوڭ ئاۋازى؛ (3) گرېك تىلىدا بەزى ۋاقىتتا «ئاۋاز» دېگەن سۆز «خەۋەر»نى بىلدۈرگەچكە، مۇشۇ يەردىكى «ئاۋاز» «نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تۇيۇقسىز كۆپ تىللاردا سۆزلىسىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر»نى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن.

سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندىمىز؟ [9] ئارىمىزدا پارتىيالار، مېدىئالار، ئېلاملار، شۇنداقلا مېسوپوتامىيە، يەھۇدىيە، كاپادوكىيا، پونتۇس، ئاسىيا، [10-11] فرىگىيە ھەم پامفىلىيە، مىسىر، لىۋىيەنىڭ كۇرىنىگە يېقىن جايلىرىدىن كەلگەنلەر، شۇنىڭدەك مۇشۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان رىم شەھىرىدىن كەلگەنلەر ــ يەھۇدىيلار بولسۇن، تەۋرات ئېتىقادىغا كىرگەنلەر بولسۇن، كرىتلار ۋە ئەرەبلەر بولسۇن، ھەممىمىز ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ قىلغان ئۇلۇغ ئەمەللىرىنى بىزنىڭ ئانا تىللىرىمىزدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز! ــ دېيىشتى.

[12] ئۇلار ھاڭ-تاڭ قېلىپ ئالاقزادىلىك بىلەن بىر-بىرىگە:

بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟ ــ دېيىشتى.

[13] ئەمما بەزىلەر:

بۇلار يېڭى شاراب بىلەن ئوبدانلا مەست بولۇپ قاپتۇ! ــ دەپ مەسخىرە قىلىشتى.

## پېترۇسنىڭ چۈشەندۈرۈشى، ئەيسا مەسىھنى جار قىلىشى

[14] ئەمما پېترۇس قالغان ئون بىرەيلەن بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى:

ئەي يەھۇدىيەدىكىلەر ۋە يېرۇسالېمدا بارلىق تۇرۇۋاتقانلار! بۇ ئىش سىلەرگە مەلۇم بولغايكى، سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! [15] بۇلار سىلەر ئويلىغاندەك مەست ئەمەس، چۈنكى ھازىر پەقەت ئەتىگەن سائەت توققۇز بولدى. [16] ئەمەلىيەتتە بۇ دەل يوئېل پەيغەمبەر ئارقىلىق ئالدىن ئېيتىلغان شۇ ئىشتۇر:

[17] ــ «خۇدا مۇنداق دېدى:

«مەن ئاخىرقى كۈنلەردە ئۆز روھىمنى بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئۈستىگە قۇيىمەن؛

---

15:2 **«ھازىر پەقەت ئەتىگەن سائەت توققۇز بولدى»** ــ يەھۇدىيلارنىڭ ۋاقىت ئۆلچىمى بويىچە «كۈننىڭ ئۈچىنچى سائىتى».

سىلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىڭلار ۋەھىيلىك بېشارەت يەتكۈزىدۇ،
سىلەرنىڭ يىگىتلىرىڭلار غايىبانە ئالامەت كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىدۇ؛
سىلەرنىڭ قېرىلىرىڭلار ئالامەت چۈشلەرنى كۆرىدۇ؛
[18] بەرھەق، شۇ كۈنلەردە قۇللىرىم ئۈستىگىمۇ، دېدەكلىرىم
ئۈستىگىمۇ روھىمنى قۇيىمەن، ئۇلار بېشارەت يەتكۈزىدۇ.
[19] مەن يۇقىرىدا ئاسمانلاردا كارامەت ئىشلار، تۆۋەندە، زېمىندا
مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى،
قان، ئوت، ئىس-تۈتەك تۈۋرۈكلىرىنى كۆرسىتىمەن.
[20] رەبنىڭ ئۇلۇغ ھەم كارامەت-شەرەپلىك كۈنى بولمىغۇچە،
قۇياش قاراڭغۇلۇققا،
ئاي قانغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.
[21] ھەم شۇ چاغدا شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى،
رەبنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ».

[22] ئەي ئىسرائىللار، مۇشۇ سۆزلەرنى ئاڭلاڭلار. ناسارەتلىك ئەيسا
بولسا، خۇدا ئاراڭلاردا ئۇ ئارقىلىق كۆرسەتكەن قۇدرەتلىك ئەمەللەر،
كارامەتلەر ۋە مۆجىزىلىك ئالامەتلەر بىلەن سىلەرگە تەستىقلىغان
بىر زات ــ بۇ ئىشلار ھەممىڭلارغا مەلۇم ــ [23] ئۇ كىشى خۇدانىڭ

17:2 **«مەن ئاخىرقى كۈنلەردە ئۆز روھىمنى بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئۈستىگە قۇيىمەن»** ــ «ئاخىرقى كۈنلەر» ياكى «ئاخىر زامان» ئادەتتە ئىنجىل دەۋرىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ؛ دېمەك، مەسىھنىڭ بىرىنچى قېتىم دۇنياغا كېلىشىدىن تارتىپ ئىككىنچى قېتىم كېلىشىگىچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. «روھىمنى» گرېك تىلىدا مۇشۇ يەردە «روھىمدىن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**17:2** يەش. 3:44؛ ئەز. 19:11؛ 36: 27:36؛ يو. 2:27-29؛ زەك. 10:12؛ لۇقا 36:2؛ يۇھ. 3:7؛ روس. 45:10؛ 9:21.

18:2 **«شۇ كۈنلەردە قۇللىرىم ئۈستىگىمۇ، دېدەكلىرىم ئۈستىگىمۇ روھىمنى قۇيىمەن...»** ــ «روھىمنى» گرېك تىلىدا مۇشۇ يەردە «روھىمدىن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**20:2** يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش .10:13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ ۋەھ. 6:12-13.

21:2 **«...ھەم شۇ چاغدا شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇكى، رەبنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ»** ــ (17-21-ئايەت) «يو.» 2:28-32نى كۆرۈڭ.

**21:2** يو. 2:30-32؛ رىم. 13:10.

بېكىتكەن مەقسىتى ۋە ئالدىنئالا بىلىشى بويىچە ساتقۇنلۇققا
ئۇچراپ تۇتۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، سىلەر ئۇنى تەۋرات قانۇنىسىز
يۈرگەن ئادەملەرنىڭ قولى ئارقىلىق كرېستلەپ ئۆلتۈرگۈزدۈڭلار.
[24] لېكىن خۇدا ئۇنى ئۆلۈمنىڭ ئازابلىرىنىڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلىپ
قايتا تىرىلدۈردى. چۈنكى ئۆلۈمنىڭ ئۇنى تۇتقۇن قىلىشى ھەرگىز
مۇمكىن ئەمەس. [25] داۋۇت زەبۇردا ئۇ توغرۇلۇق مۇنداق ئالدىن ئېيتقان:
«مەن پەرۋەردىگارنى ھەردائىم كۆز ئالدىمدا كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن؛
ئۇ ئوڭ يېنىمدا بولغاچقا،
مەن ھەرگىز تەۋرەنمەيمەن.
[26] شۇڭا مېنىڭ قەلبىم خۇشاللاندى،
مېنىڭ تىلىم شادلىنىپ يايرىدى؛
مېنىڭ تېنىم ئۈمىد-ئارزۇ ئىچىدە تۇرىدۇ؛
[27] چۈنكى سەن جېنىمنى تەھتىسارادا قالدۇرمايسەن،
شۇنداقلا سېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچۇڭغا چىرىشلەرنى كۆرگۈزمەيسەن.
[28] سەن ماڭا ھايات يوللىرىنى كۆرسەتكەنسەن؛
ھۇزۇرۇڭ بىلەن مېنى شاد-خۇراملىققا تولۇپ تاشقۇزىسەن».

[29] قېرىنداشلار، مەن ئاتىمىز پادىشاھ داۋۇت توغرۇلۇق ھېچ
ئىككىلەنمەي شۇنى ئېيتىمەنكى، ئۇ ئۆلدى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى
بۈگۈنكى كۈنگىچە ئارىمىزدا بار. [30] ئەمدى ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ،

---

23:2 **«تەۋرات قانۇنسىز يۈرگەن ئادەملەر»...** — مۇشۇ يەردە يات ئەللىكلەر، بولۇپمۇ رىملىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**23:2** روس. 28:4؛ 30:5.

**24:2** روس. 40:10.

**25:2** زەب. 8:16-11

28:2 **«...سەن ماڭا ھايات يوللىرىنى كۆرسەتكەنسەن؛ ھۇزۇرۇڭ بىلەن مېنى شاد-خۇراملىققا تولۇپ تاشقۇزىسەن».»** — (25-28-ئايەت) «زەب.» 8:16-11نى كۆرۈڭ.

**28:2** زەب. 8:16-11

**29:2** 1پاد. 10:2؛ روس. 36:13.

خۇدانىڭ ئۇنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇشقا ئۆز پۇشتىدىن بىرەيلەننى
تۇرغۇزۇشقا قەسەم بىلەن ۋەدە بەرگەنلىكىنى بىلەتتى. [31] ئۇ
مەسىھنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلىدىغىنىنى ئالدىنئالا
كۆرۈپ يەتكەن ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەسىھنىڭ تەھتىسارادا
قالدۇرۇلمايدىغىنىنى ۋە تېنىنىڭ چىرىمەيدىغىنىنى تىلغا ئالغان.
[32] خۇدا دەل بۇ ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈردى، ۋە ھەممىمىز بۇ
ئىشنىڭ گۇۋاھچىلىرىمىز. [33] ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا شان-شەرەپ
ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، شۇنداقلا ئاتا ۋەدە قىلغان مۇقەددەس روھنى
قوبۇل قىلىپ، ھازىر كۆرۈۋاتقان ھەم ئاڭلاۋاتقانلىرىڭلارنى تۆكۈپ
بىزلەرگە چۈشۈردى. [34-35] چۈنكى داۋۇت ئۆزى ئەرشكە چىققان ئەمەس؛
لېكىن ئۇ مۇنۇ سەزلەرنى زەبۇردا ئېيتقان: ــ
«پەرۋەردىگار مېنىڭ رەببىمگە ئېيتتىكى: ــ
«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلمىغۇچە،
مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن!»».
[36] شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىسرائىل جەمەتىدىكىلەر شۇنى قەتئىي
بىلسۇنكى، خۇدا سىلەر كرېستلىگەن دەل ئۇشبۇ ئەيسانى ھەم رەب
ھەم مەسىھ قىلىپ تىكلىدى!».
[37] بۇ سۆزلەر ئاڭلىغانلارنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغاندەك قاتتىق تەگكەن

30:2 **«ئۆز پۇشتىدىن بىرەيلەن...»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ چاترىقىدىن چىققاندىن بىرەيلەن...».

**30:2** 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ لۇقا 32:1؛ روس. 23:13؛ رىم. 3:1؛ 2تىم. 8:2.

**31:2** زەب. 10:16؛ روس. 35:13.

**32:2** يۇھ. 27:15؛ روس. 8:1.

33:2 **«شۇنداقلا ئاتا ۋەدە قىلغان مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلىپ،...»** ــ ياكى «شۇنداقلا ئاتىدىن مۇقەددەس روھ ئاتا قىلىش ۋەدىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ،...».

**33:2** روس. 4:1؛ 31:5؛ 45:10؛ فىل. 9:2.

35-34:2 **«پەرۋەردىگار مېنىڭ رەببىمگە ئېيتتىكى: ــ «مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلمىغۇچە، مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن!»»** ــ «زەب.» 1:110.

**35-34:2** زەب. 1:110؛ 1كور. 25:15؛ ئەف. 20:1؛ ئىبر. 13:1.

بولۇپ ئۇلار پېترۇس ۋە باشقا روسۇللاردىن:
ئى قېرىنداشلار، ئۇنداقتا بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ ــ دەپ
سوراشتى.
[38] پېترۇس ئۇلارغا: ــ توۋا قىلىڭلار، ھەربىرىڭلار ئەيسا مەسىھنىڭ
نامىدا گۇناھلىرىڭلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈشنى
قوبۇل قىلىڭلار ۋە شۇنداق قىلساڭلار خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بولغان
مۇقەددەس روھ سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ. [39] چۈنكى بۇ ۋەدە سىلەرگە ۋە
سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارغا، يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە،
يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆزىگە چاقىرغانلارنىڭ ھەممىسىگە
ئاتا قىلىنىدۇ.
[40] پېترۇس يەنە نۇرغۇن باشقا سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ
ئۇلارغا:
سىلەر ئۆزۈڭلارنى بۇ ئىپلاس دەۋردىن قۇتقۇزۇڭلار! ــ دەپ جېكىلىدى.
[41] شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغانلار چۆمۈلدۈرۈلۈشتى.
شۇ كۈنى جامائەتكە قوشۇلغانلار ئۈچ مىڭچە كىشى ئىدى. [42] ئۇلار
ئۆزلىرىنى ئىزچىل ھالدا روسۇللارنىڭ تەلىمىگە، ئېتىقادچىلارنىڭ
بىرلىك-ھەمدەملىكىگە، ناننى ئوشتۇشقا ۋە دۇئالارغا بېغىشلىدى.

---

**37:2** زەك. 10:12؛ لۇقا 10:3؛ روس. 6:9؛ 30:16.

39:2 **«بۇ ۋەدە سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارغا، يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆزىگە چاقىرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتا قىلىنىدۇ»** ــ «بۇ ۋەدە» مۇقەددەس روھنى كۆرسىتىدۇ.

**39:2** يو. 2:30-32؛ ئەف. 13:2.

42:2 **«ئېتىقادچىلارنىڭ بىرلىك-ھەمدەملىكى»** ــ بۇ ئالاھىدە مەنىدە بولۇپ، گرېك تىلىدا «ئورتاقلىق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆز ھەم خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىنى، ھەم ئېتىقادچىلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى ۋە خۇدانىڭ شاپائىتىدىن ئورتاق نېسىۋە بولۇشنى بىلدۈرىدۇ. **«نان ئوشتۇش»** ــ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن نان ئوشتۇشنى كۆرسىتىدۇ («مات.» 26:26-28، «1كور.» 11-باب، 17-34نى كۆرۈڭ).

## ئېتىقادچىلار ئارىسىدىكى ئىناقلىق

[43] ۋە قورقۇنچ ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى ۋە روسۇللارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن نۇرغۇن كارامەتلەر ۋە مۆجىزىلىك ئالامەتلەر يۈز بەردى. [44] پۈتۈن ئېتىقادچىلار داۋاملىق جەم بولۇپ بىللە ياشاپ، بارلىقىنى ئورتاق تۇتۇشتى.
[45] ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى سېتىپ، پۇلىنى ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ھەممىسىگە تەقسىم قىلىشاتتى. [46] ئۇلار ھەر كۈنى ئىبادەتخانا ھويلىسىغا بىر نىيەتتە جەم بولۇشاتتى، ئۆي-ئۆيلەردە خۇشال-خۇراملىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئورتاق غىزالىنىشىپ، ناننى ئوشتۇپ يېيىشىپ، [47] خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشاتتى؛ ئۇلار پۈتكۈل خالايىقنىڭ ئىززىتىگە سازاۋەر بولدى. رەب ھەر كۈنى قۇتقۇزۇلغۇۋاتقانلارنى جامائەتكە قوشاتتى.

## پېترۇس بىلەن يۇھاننانىڭ توكۇر ئادەمنى ساقايتىشى

3 [1] بىر كۈنى ئىبادەتخانىدا دۇئا قىلىنىدىغان ۋاقىتتا، يەنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، پېترۇس بىلەن يۇھاننامۇ ئىبادەتخانىغا چىقىپ بارغانىدى. [2] شۇ پەيتتە بىر تۇغما توكۇر ئادەممۇ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىۋاتقانىدى. ھەر كۈنى، كىشىلەر ئۇنى ئىبادەتخانىغا كىرگەنلەردىن سەدىقە تىلىسۇن دەپ، ئىبادەتخانىدىكى «گۈزەل

**43:2** مار. 17:16؛ روس. 12:5.
**44:2** قان. 4:15؛ روس. 32:4.
**45:2** يەش. 7:58؛ روس. 35:4.
46:2 **«ئۇلار ھەر كۈنى ... ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئورتاق غىزالىنىشىپ، ناننى ئوشتۇپ يېيىشىپ...»** ــ 42:2دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
47:2 **«...رەب ھەر كۈنى قۇتقۇزۇلغۇۋاتقانلارنى جامائەتكە قوشاتتى»** ــ ياكى «...رەب ھەر كۈنى قۇتقۇزۇلۇۋاتقانلارنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قوشاتتى».
**47:2** روس. 14:5؛ 21:11.
1:3 **«سائەت ئۈچتە»** ــ ئىبرانىيلارنىڭ ۋاقتى بويىچە «سائەت توققۇزدا».

دەرۋازا» ئالدىغا ئەكىلىپ قوياتتى. [3] ئۇ پېترۇس بىلەن يۇھاننانىڭ ئىبادەتخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن سەدىقە تىلىدى.
[4] پېترۇس بىلەن يۇھاننا ئۇنىڭغا نەزىرىنى سالدى. پېترۇس ئۇنىڭغا:
بىزگە قارا! ــ دېدى.
[5] ئۇ ئۇلاردىن بىر نەرسە كۈتۈپ، كۆزلىرىنى ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى.
[6] بىراق پېترۇس ئۇنىڭغا:
مەندە ئالتۇن ياكى كۈمۈش يوق؛ لېكىن قولۇمدا بارىنى ساڭا بېرەي. ناسارەتلىك ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ماڭ!
ــ دېۋىدى، [7] ئۇنى ئوڭ قولىدىن تارتىپ، يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇ ئادەمنىڭ پۇت ۋە ئوشۇق بېغىشلىرى شۇئان كۈچلەندۈرۈلۈپ، [8] ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ مېڭىپ ۋە سەكرەپ، خۇداغا مەدھىيە ئوقۇغان ھالدا ئۇلار بىلەن بىللە ئىبادەتخانا ھويلىسىغا كىردى. [9] بارلىق خالايىق ئۇنىڭ مېڭىپ خۇداغا مەدھىيە ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ [10] ئۇنىڭ ئىبادەتخانىدىكى «گۈزەل دەرۋازا» ئالدىدا سەدىقە تىلەپ ئولتۇرىدىغان ھېلىقى ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭدا يۈز بەرگىنىگە ھەيرانۇھەس بولۇپ داڭ قېتىپ قېلىشتى.

## پېترۇسنىڭ ئىبادەتخانىدا ئېيتقان سۆزلىرى

[11] ساقايغان كىشى پېترۇس بىلەن يۇھانناغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇۋالغاندا، ھەيران بولۇشقان بارلىق خەلق ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىبادەتخانىدىكى «سۇلايمان پېشايۋىنى» دېگەن يەرگە يۈگۈرۈپ كېلىشتى. [12] بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پېترۇس خالايىققا مۇنداق دېدى:
ئى ئىسرائىللار! بۇ ئىشقا نېمانچە ھەيران بولىسىلەر؟ بىز خۇددى ئۆز كۈچ-قۇدرىتىمىز ياكى ئىخلاسمەنلىكىمىزگە تايىنىپ بۇ ئادەمنى ماڭدۇرغاندەك بىزگە نېمانچە تىكىلىپ قارايسىلەر؟ [13] ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇداسى، يەنى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە

2:3 يۇھ. 8:9؛ روس. 8:14.
6:3 روس. 10:4.

ياقۇپنىڭ خۇداسى ئۆز خىزمەتكارى بولغان ئەيسانى شان-شەرەپ
بىلەن ئۇلۇغلىغان. بىراق سىلەر بولساڭلار شۇ ئەيسانى رىملىقلارغا
تۇتۇپ بەردىڭلار؛ ئاندىن ۋالىي پىلاتۇس ئۇنى قويۇپ بېرىشنى
ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، سىلەر پىلاتۇسنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭدىن
تېنىپ رەت قىلىشتىڭلار. [14] مانا سىلەر مۇقەددەس ۋە ھەققانىي
بولغۇچىدىن تېنىپ، ئۇنى رەت قىلىپ ۋالىي پىلاتۇستىن ئۇنىڭ
ئورنىغا بىر قاتىلنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىڭلار. [15] شۇنداق
قىلىپ، ھاياتلىقنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىنى ئۆلتۈردۈڭلار! بىراق
خۇدا ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈردى، بىز مانا بۇنىڭغا گۇۋاھچىدۇ
رىمىز. [16] مانا ئۇنىڭ نامىغا قىلغان ئېتىقاد ئارقىلىق، ئۇنىڭ نامى
سىلەر كۆرۈۋاتقان ۋە تونۇيدىغان بۇ ئادەمگە دەرمان كىرگۈزدى؛ ئۇنىڭ
ئارقىلىق بولغان ئېتىقاد ئۇ كىشىنى كۆز ئالدىڭلاردا سەللىمازا ساق-
سالامەت قىلدى.
[17] ئەمدى قېرىنداشلار، سىلەرنىڭ ۋە شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ
باشلىقلىرىڭلارنىڭمۇ بۇ ئىشنى غەپلەتتە قىلغانلىقىڭلارنى
بىلىمەن. [18] لېكىن خۇدا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاغزى بىلەن
ئالدىنئالا جاكارلىغانلىرىنى، يەنى ئۇنىڭ مەسىھىنىڭ ئازاب-
ئوقۇبەت تارتىدىغانلىقىنى شۇ يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى.
[19] شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھىڭلارنىڭ ئۆچۈرۈۋېتىلىشى ئۈچۈن ھازىر تووۋا

---

13:3 **«ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇداسى، يەنى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ خۇداسى ئۆز خىزمەتكارى بولغان ئەيسانى شان-شەرەپ بىلەن ئۇلۇغلىغان»** — مەسىھنىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» سۈپىتى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بېشارەتلەر «يەش.» 42:1-18، 49-باب، 50:3-11، 52:13-53:12دە كۆرۈلىدۇ.

**13:3** مىس. 6:3، 15؛ مات. 27:20؛ مار. 15:11؛ لۇقا 23:18؛ يۇھ. 18:40.

**14:3** لۇقا 23:18.

15:3 **«خۇدا ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈردى»** — گرېك تىلىدا: «خۇدا ئۇنى ئۆلگەنلەردىن تىرىلدۈردى».

**15:3** روس. 1:8؛ 2:32.

**18:3** يەش. 50:6؛ 53:5؛ لۇقا 24:27.

قىلىپ يوللىرىڭلاردىن بۇرۇلۇڭلار! شۇنداق قىلغاندا، ئىنسانلارنىڭ
جېنىنى يېڭىلاندۇرىدىغان پەسىل-كۈنلەر پەرۋەردىگارنىڭ
ھۇزۇرىدىن چىقىپ كېلىدۇ [20] ۋە ئۇ سىلەر ئۈچۈن ئالدىن تىكلەنگەن
مەسىھ، يەنى ئەيسانى قېشىڭلارغا قايتىدىن ئەۋەتىدۇ. [21] ھازىرچە
بولسا، خۇدانىڭ دەسلەپتىكى زامانلاردىن تارتىپ مۇقەددەس
پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاغزى بىلەن ئېيتقىنىدەك، ھەممە مەۋجۇداتلار
يېڭىلىنىدىغان ۋاقىت كەلمىگۈچە، ئەرشلەر ئۇنى قوبۇل قىلىپ،
ئۇنىڭغا ماكان بولىدۇ. [22] مۇسا دەرۋەقە مۇنداق دېگەنىدى: —
«پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۆز قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن ماڭا
ئوخشاش بىر پەيغەمبەر تۇرغۇزىدۇ. ئۇنىڭ سىلەرگە ئېيتقان بارلىق
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىشىڭلار كېرەك!
[23] چۈنكى بۇ پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغانلارنىڭ ھەربىرى
خەلق قاتارىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ».
[24] دەرۋەقە، سامۇئىل پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىپ
بېشارەتلەرنى يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ
كۈنلەر توغرىسىدا ئالدىن ئېيتقان. [25] سىلەر بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ
پەرزەنتلىرىسىلەر ۋە خۇدا ئاتا-بوۋاڭلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنىڭ
پەرزەنتلىرىدۇرسىلەر — بۇ ئەھدە بويىچە خۇدا ئىبراھىمغا:
«سېنىڭ نەسلىڭ ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-
جەمەتلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەن.

---

**19:3** روس. 38:2.

**22:3** قان. 18:15-16، 19؛ يۇھ. 46:1؛ روس. 37:7.

23:3 **«...چۈنكى بۇ پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغانلارنىڭ ھەربىرى خەلق قاتارىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»** — (22-23-ئايەت) «قان.» 18:15-19). بۇ بېشارەت ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**25:3** يار. 22:18؛ گال. 8:3.

[26] شۇڭا خۇدا ھەربىرىڭلارنى ئۆز رەزىللىكلىرىڭلاردىن قايتۇرۇپ، سىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن، خىزمەتكارى ئەيسانى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئاۋۋال سىلەرگە ئەۋەتتى.

## پېترۇس بىلەن يۇھاننانىڭ ئالىي كېڭەشمىدە سوراق قىلىنىشى

4 [1] پېترۇس بىلەن يۇھاننا خالايىققا گەپ قىلىۋاتقاندا، كاھىنلار، ئىبادەتخانا قاراۋۇللىرىنىڭ باشلىقى ۋە سادۇقىيلار ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. [2] ئۇلار روسۇللارنىڭ خالايىققا تەلىم بېرىشى، جۈملىدىن «ئەيسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆلگەنلەر تىرىلدۈرۈلىدۇ» دەپ جاكارلىغىنى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەسەبىيلەشتى . [3] ئۇلار ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئەتىسىگىچە تۇرمىگە سولاپ قويدى، چۈنكى كەچ كىرىپ قالغانىدى. [4] لېكىن جار قىلىنغان سۆز-كالامنى ئاڭلىغانلارنىڭ كۆپى ئېتىقاد قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئېتىقاد قىلغان ئەرلەرنىڭ سانىلا بەش مىڭغا يەتتى.

[5] ئەتىسى، يەھۇدىيلارنىڭ كېڭەشمىسىدىكى باشلىقلار، ئاقساقاللار

26:3 «**شۇڭا خۇدا ھەربىرىڭلارنى ئۆز رەزىللىكلىرىڭلاردىن قايتۇرۇپ، سىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن، خىزمەتكارى ئەيسانى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئاۋۋال سىلەرگە ئەۋەتتى**» — «ئۇنى (ئەيسانى)... **ئاۋۋال** سىلەرگە ئەۋەتتى» — دېمەك، خۇدا ئىبراھىم بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى بويىچە ئىبراھىمنىڭ نەسلى بولغان ئەيسانى «يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىشى ئۈچۈن» ئەۋەتكەندە، ئۇنى بارلىق ئەللەرگە ئەۋەتىشتىن ئاۋۋال ئۆز يەھۇدىي خەلقىگە ئەۋەتتى.

1:4 «**سادۇقىيلار**» — يەھۇدىيلارنىڭ بىر مەزھىپى. ئۇلار توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

2:4 «**ئۇلار روسۇللارنىڭ... «ئەيسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆلگەنلەر تىرىلدۈرۈلىدۇ» دەپ جاكارلىغىنى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەسەبىيلەشتى**» — «ئەسەبىيلەشتى» ياكى «غەزەپلەندى». «ئۆلگەنلەر تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېگەن گەپ سادۇقىيلارنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرگەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇلار بۇ نۇقتىغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى.

3:4 «**ئۇلار ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئەتىسىگىچە تۇرمىگە سولاپ قويدى...**» — «ئۇلارنى» — پېترۇس، يۇھاننا ۋە ئۇلارغا ئېسىلىپ چىڭ تۇتقان، ساقايتىلغان توكۇر كىشىنى كۆرسىتىدۇ (9-، 10-، 14-ئايەتنى كۆرۈڭ).

ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى يېرۇسالېمدا توپلاندى. [6]ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
باش كاھىن ئانناس، قاياپاس، يۇھاننا، ئىسكەندەر ۋە باش كاھىننىڭ
باشقا جەمەتىدىكىلەر بار ئىدى. [7]ئۇلار پېترۇس بىلەن يۇھاننانى
ئارىسىغا تۇرغۇزۇپ:
سىلەر بۇ ئىشنى قايسى كۈچ-قۇدرەتكە تايىنىپ ياكى كىمنىڭ نامى
بىلەن قىلدىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى.
[8]پېترۇس مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلغان ھالدا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى! [9]ئەگەر بىز
بۈگۈن بۇ توكۇر ئادەمگە كۆرسەتكەن ياخشى ئەمەل ھەم ئۇنىڭ قانداق
ساقايتىلغانلىقى سەۋەبلىك سوراقۇا تارتىلغان بولساق، [10]سىلەر ۋە
پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى شۇنى بىلسۇنكى، سىلەر كرېستلىگەن،
ئەمما خۇدا ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەن ناسارەتلىك ئەيسا مەسىھنىڭ
نامى بىلەن، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئارقىلىق بۇ كىشى مۇشۇ يەردە
ئالدىڭلاردا پۈتۈنلەي ساق-سالامەت تۇرىدۇ!
[11]بۇ ئەيسا بولسا، مۇقەددەس يازمىلاردا پۈتۈلگەندەك، دەل سىلەر
تامچىلار ئېتىبارسىز دەپ تاشلىۋەتكەن، بىراق بۇرجەك تېشى بولۇپ
تىكلەنگەن تاشتۇر. [12]ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمدە نىجاتلىق يوق،
چۈنكى پۈتكۈل ئاسمان ئاستىدا ئىنسانلار ئارىسىغا تەقدىم قىلىنغان،
ئەيسادىن باشقا بىزنى قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق بىر نام يوقتۇر.
[13]پېترۇس بىلەن يۇھاننانىڭ بۇ جۈرئىتىنى كۆرگەن ھۆكۈمرانلار
ئۇلارنىڭ ئوقۇمىغان ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ،
ھەيران بولۇشتى؛ ئۇلارنىڭ بۇرۇن ئەيسا بىلەن بىللە بولغانلىقىنىمۇ

---

**7:4** مىس. 14:2؛ مات. 23:21؛ روس. 27:7.

**11:4 «بۇ ئەيسا بولسا، مۇقەددەس يازمىلاردا پۈتۈلگەندەك، دەل سىلەر تامچىلار ئېتىبارسىز دەپ تاشلىۋەتكەن، بىراق بۇرجەك تېشى بولۇپ تىكلەنگەن تاشتۇر» ــ** «زەب.» 2:118.

**11:4** زەب. 22:118؛ يەش. 16:28؛ مات. 42:21؛ مار. 10:12؛ لۇقا 17:20؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 7:2.

**12:4** مات. 21:1؛ روس. 43:10؛ 1تىم. 5:2.

بىلدى. [14]ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساقايغان ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ
يېنىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار ھېچقانداق گەپ ياندۇرالمىدى.
[15]شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمرانلار ئۇلارنى كېڭەشمىدىن چىقىشقا بۇيرۇدى.
ئاندىن بىر-بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:
[16]— بۇلارنى قانداق قىلىمىز؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن
خېلى كۆرۈنەرلىك مۆجىزىلىك بىر ئالامەت يۈز بەرگەنلىكى پۈتكۈل
يېرۇسالېمدىكىلەرگە ئايان بولدى ۋە بىز ئۇنى ئىنكار قىلىشقا
ئامالسىزمىز. [17]لېكىن بۇ ئىشنىڭ خەلق ئىچىدە تېخىمۇ كەڭ
يېيىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇندىن كېيىن بۇ ئادەمنىڭ
نامىدا ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەسلىككە ئاگاھ-تەھدىت سالايلى!
— دېيىشتى.
[18]شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى چاقىرتىپ، بۇندىن كېيىن ئەيسانىڭ
نامىدا ھېچ سۆزلىمەسلىك ياكى تەلىم بەرمەسلىكنى قەتئىي
بۇيرۇدى. [19]لېكىن پېترۇس بىلەن يۇھاننا:
خۇدانىڭ ئالدىدا سىلەرگە ئىتائەت قىلىش توغرىمۇ ياكى خۇداغىمۇ،
بۇنىڭغا ئۆزۈڭلار بىر نېمە دەڭلار! [20]ئەمما بىز بولساق، كۆرگەن ۋە
ئاڭلىغانلىرىمىزنى ئېيتماي تۇرالمايمىز! — دەپ جاۋاب بەردى.
[21]ھۆكۈمرانلار بولسا خالايىقتىن قورقۇپ، ئۇلارنى جازالاشقا لايىق
سەۋەب تاپالماي، ئۇلارغا تېخىمۇ تەھدىت سېلىپ، قويۇپ بەردى.
چۈنكى خالايىق بولغان ۋەقە تۈپەيلىدىن خۇدانى ئۇلۇغلىغانىدى.
[22]چۈنكى بۇ ساقايتىلىش مۆجىزىلىك ئالامىتى كۆرسىتىلگەن
كىشىنىڭ يېشى قىرىقتىن ئاشقانىدى.

---

**13:4 «ئۇلارنىڭ ئوقۇمىغان ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئىكەنلىكى...»** — «ئوقۇمىغان» پۈتۈنلەي ساۋاتسىز دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت (ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدا) تەۋراتقا شەرھ بېرىشكە سالاھىيىتى يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. «ئادەتتىكى» «ھېچ ئالاھىدە تەربىيە كۆرمىگەن» دېگەن مەنىدە.

**16:4** يۇھ. 47:11.

**19:4** روس. 29:5.

**21:4** روس. 7:3، 8؛ 26:5.

## جامائەتنىڭ بىر قەلبدە، بىر روھتا دۇئا قىلىشى

23 ئۇلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا
قايتىپ كېلىپ، باش كاھىنلار ۋە ئاقساقاللارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى
باشتىن-ئاخىر كۆپچىلىككە ئۇقتۇردى. 24 ئۇلار بۇنى ئاڭلىغاندا،
ئاۋازىنى بىر نىيەت بىر دىل بىلەن خۇداغا كۆتۈرۈپ مۇنداق نىدا
قىلدى:
ئى ئىگىمىز، سەن ئاسمان-زېمىن، دېڭىز-ئوكيانلارنى ۋە ئۇلاردىكى
بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقان خۇدادۇرسەن. 25 سەن مۇقەددەس روھ بىلەن
خىزمەتكارىڭ بولغان داۋۇتنىڭ ئاغزى ئارقىلىق مۇنداق دېگەنغۇ:
«ئەللەر نېمىشقا چۇقان سالىدۇ؟
نېمە ئۈچۈن بىكاردىن-بىكار سۈيىقەست ئويلايدۇ؟
26 دۇنيادىكى پادىشاھلار سەپ تارتىپ،
ئەمەلدارلار يىغىلىشىپ،
پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ مەسىھى بىلەن قارشىلىشقا جەم بولۇشتى».
27 — چۈنكى دەرۋەقە دەل بۇ شەھەردە ھېرود ھەم پونتىئۇس پىلاتۇس، يات
ئەللىكلەر ھەم ئىسرائىل خەلقلىرى بىرلىشىپ، سەن مەسىھلىگەن
مۇقەددەس خىزمەتكارىڭ ئەيساغا قارشى چىقىپ توپلانغاندى،
28 شۇنىڭ بىلەن كۈچ-قۇدرىتىڭ ۋە ئىرادەڭ بويىچە سەن بۇرۇنلا

---

**4:23 «ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ...»** — «ئۆز ھەمراھلىرى» ئۆز ئۆيىدىكىلەرنى ئەمەس، بەلكى جامائەتتىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**4:23** روس. 12:12.

**4:24** مىس. 11:20

**4:25 «سەن مۇقەددەس روھ بىلەن خىزمەتكارىڭ بولغان داۋۇتنىڭ ئاغزى ئارقىلىق مۇنداق دېگەنغۇ»** — بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە «مۇقەددەس روھ بىلەن» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ.

**4:25** زەب. 1:2.

**4:26 «...دۇنيادىكى پادىشاھلار سەپ تارتىپ، *ئەمەلدارلار يىغىلىشىپ، پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ مەسىھى بىلەن قارشىلىشقا جەم بولۇشتى»** — (25-26-ئايەت) «زەب.» 2-1:2.

**4:26** زەب. 1:2، 2.

**4:27** مات. 3:26؛ مار. 1:14؛ لۇقا 2:22؛ يـۇھ. 47:11.

نىمىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى بىكىتكەن بولساق، ئۇلار شۇلارنى قىلغان.
[29] ئەمدى ئى پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ سىلىشۋاتقان تەھدىتلىرىنى كۆرگەيسەن، قۇللىرىڭنى سۆز-كالامىڭنى تولۇق يۈرەكلىك بىلەن سۆزلەپ يەتكۈزىدىغان قىلغايسەن؛ [30] ۋە كېسەللەرنى ساقايتىشقا قولۇڭنى ئۇزىتىپ، مۇقەددەس خىزمەتكارىڭ ئەيسانىڭ نامىدا مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلەرنى ياراتقايسەن.
[31] ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئاياغلاشقاندا، ئۇلار تۇرغان يەر تەۋرىنىپ كەتتى. ئۇلار ھەممىسى مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلۇپ، خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى يۈرەكلىك سۆزلەپ يەتكۈزۈشكە باشلىدى.

## ئېتىقادچىلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى ئورتاق قىلىشى

[32] توپ-توپ ئېتىقادچىلار بىر جان-بىر دىل، بىر مەقسەتتە ئىدى. ھېچكىم ئۆزىگە تەئەللۇق پۇل-مېلىنى «ئۆزۈمنىڭ» دېمەيتتى، بەلكى ھەممىسىگە ئورتاق ئىدى. [33] روسۇللار زور كۈچ-قۇدرەت بىلەن رەب ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەتتى. خۇدانىڭ زور مېھىر-شەپقىتى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە قوندى. [34] ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەرنىڭ ھېچنېمىگە ھاجىتى چۈشمەيتتى. چۈنكى يەر-زېمىن، ئۆي-جاي ئىگىدارلىرى بولغانلار ئۇلارنى سېتىپ، پۇلىنى ئېلىپ كېلىپ [35] روسۇللارنىڭ ئايىغى ئالدىغا قوياتتى؛ ئاندىن

---

28:4 **«كۈچ-قۇدرىتىڭ ۋە ئىرادەڭ بويىچە...»** ــ گرېك تىلىدا: «قولۇڭ ۋە ئىرادەڭ بويىچە...». **«سەن بۇرۇنلا نىمىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى بىكىتكەن بولساق، ئۇلار شۇلارنى قىلغان»** ــ دېمەك، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ خۇداغا ۋە ئۇنىڭ مەسىھىگە قارشى ئىنتايىن يامان نىيىتى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەيسانى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى بەرىبىر خۇدا ئۆزىنىڭ كارامەت پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

**30:4** مار. 17:16.

**31:4** روس. 26:16.

**32:4** روس. 44:2؛ 1پېت. 8:3.

ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىناتتى.
[36]ئۇلارنىڭ ئىچىدە لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان، سىپرۇستا تۇغۇلغان
يۈسۈپ ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى (روسۇللار ئۇنى بارناباس، يەنى
«رىغبەتلەندۈرگۈچى ئوغۇل بالا» دەپ ئاتىغان)؛ [37]ئۇنىڭمۇ بىر
پارچە ئېتىزى بار ئىدى؛ ئۇ شۇ يولدا ئۇنى سېتىپ، پۇلىنى ئېلىپ
روسۇللارنىڭ ئايىغى ئالدىغا تاپشۇردى.

## ئانانىيا بىلەن سافىرا

5 [1]ئەمدى ئانانىياس ئىسىملىك يەنە بىر ئادەممۇ ئايالى سافىرا
بىلەن بىر پارچە يېرىنى ساتتى. [2]ئانانىياس پۇلنىڭ بىر قىسمىنى
ئۆزىگە قالدۇردى، يەنى بىر قىسمىنى ئېلىپ كېلىپ، روسۇللارنىڭ
ئايىغى ئالدىغا قويدى. ئايالىمۇ بۇنىڭدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى.
[3]بىراق پېترۇس ئۇنىڭغا:
ئانانىياس، نېمىشقا قەلبىڭنى شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇپ،
مۇقەددەس روھقا يالغان ئېيتىپ، يەر ساتقان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى
ئۆزۈڭگە قالدۇردۇڭ؟ [4]يەر سېتىلمىغاندا، سېنىڭكى ئەمەسمىدى؟

---

**35:4** يەش. 7:58.

36:4 **«ئۇلارنىڭ ئىچىدە لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان، سىپرۇستا تۇغۇلغان يۈسۈپ ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى... بارناباس.. دەپ ئاتىغان»** — بارناباس لاۋىيلىق بولغاچقا، بەلكىم ئىبادەتخانىدا ئىشلىگەنىدى.

1:5 **«ئانانىياس ئىسىملىك يەنە بىر ئادەم...»** — «ئانانىياس» بەلكىم ئىبرانىي تىلىدىكى «ھانانىيا» دېگەننىڭ گرېك تىلىدىكى شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

2:5 **«ئانانىياس پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە قالدۇردى، يەنى بىر قىسمىنى ئېلىپ كېلىپ، روسۇللارنىڭ ئايىغى ئالدىغا قويدى. ئايالىمۇ بۇنىڭدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى»** — بۇ ئىشقا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆزلىرىنىڭ سېخىيلىقىنى كۆز-كۆز قىلىپ: «مانا بىز باشقىلارغا ئوخشاش ھەممە نەرسىمىزنى خۇدانىڭ يولىغا بېغىشلىدۇق» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەر ساتقان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى يەر ساتقان پۇلنىڭ ھەممىسى، دەپ يالغان ئېيتقانىدى.

3:5 **«نېمىشقا قەلبىڭنى شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇپ...؟»** — گرېك تىلىدا «نېمىشقا شەيتان قەلبىڭنى تولدۇرغانكى...؟» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سېپتىلغاندىن كېيىن، پۇلمۇ ئۆز ئىختىيارىڭدا بولمامتى؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا قەلبىڭدە بۇ ئىشنى نىيەت قىلدىڭ؟ سەن ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى خۇداغا يالغان ئېيتتىڭ! ــ دېدى.
[5]ئانانىياس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھامان يىقىلىپ جان ئۈزدى. بۇ ئىشنى ئاڭلىغۇچىلارنى قاتتىق قورقۇنچ باستى. [6]ئەمدى ياش يىگىتلەر ئورنىدىن تۇرۇپ جەسەتنى كېپەنلەپ، سىرتقا ئاپىرىپ دەپنە قىلدى.
[7]تەخمىنەن ئۈچ سائەتتىن كېيىن، ئانانىياسنىڭ ئايالى كىرىپ كەلدى؛ بىراق ئۇ بولغان ۋەقەدىن خەۋەرسىز ئىدى. [8]پېترۇس ئۇنىڭدىن:
ماڭا ئېيتقىن، سىلەر يەرنى مۇشۇ پۇلغا ساتتىڭلارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
شۇنداق، مۇشۇنچىلىك پۇلغا ساتتۇق، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.
[9]پېترۇس:
سىلەر نېمە ئۈچۈن مۇقەددەس روھنى سىناشقا تىل بىرىكتۈردۈڭلار؟ قارا، ئېرىڭنى دەپنە قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ پۇتلىرى ئىشىك تۈۋىدە تۇرىدۇ، ئۇلار سېنىمۇ ئەكېتىدۇ! ــ دېدى.
[10]ئۇمۇ شۇئان ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئالدىغا يىقىلىپ، جان بەردى. ھېلىقى ياش يىگىتلەر كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆردى؛ ئۇلار ئۇنىمۇ ئېلىپ بېرىپ ئېرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى. [11]پۈتۈن جامائەتنى، شۇنداقلا بۇ ئىشنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەربىرىنى قاتتىق قورقۇنچ باستى.

## روسۇللار كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر

[12]روسۇللارنىڭ قولى ئارقىلىق خەلق ئىچىدە نۇرغۇن مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە كارامەتلەر كۆرسىتىلدى (بارلىق ئېتىقادچىلار بىر نىيەتتە بولۇپ ئىبادەتخانىدىكى «سۇلايمان پېشايۋىنى»دا دائىم جەم بولاتتى. [13]باشقا كىشىلەر ئۇلارغا قوشۇلۇشقا جۈرئەت

12:5 مار. 17:16؛ روس. 43:2.

قىلالمايتتى؛ ئەمما خالايىق ئۇلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى.
[14] شۇنداقتىمۇ، ئېتىقاد قىلغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ھەم ئەرلەر ھەم ئاياللار توپ-توپ بولۇپ رەبگە قوشۇلغىلى تۇردى). [15] شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھەتتا پېترۇس ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ سايىسى بولسىمۇ ئۈستىگە چۈشسۇن دەپ، كېسەللەرنى كوچىلارغا ئېلىپ چىقىپ كۆرپە ۋە زەمبىللەرگە ياتقۇزۇپ قوياتتى.
[16] يەنە توپ-توپ كىشىلەر يېرۇسالېم ئەتراپىدىكى شەھەر-يېزىلاردىن كېسەللەرنى ۋە ناپاك روھلار چاپلىشىۋالغان كىشىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساقىيىپ قايتىشاتتى.

## روسۇللارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى

[17] باش كاھىن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى، يەنى سادۇقىي مەزھەپىدىكىلەر قوزغىلىپ بۇ ئىشلارغا غەزەپلىنىپ، [18] روسۇللارنى تۇتقۇن قىلىپ، قاماقخانىغا قامىدى. [19] لېكىن شۇ كېچە، رەبنىڭ بىر پەرىشتىسى قاماقخانىنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ، روسۇللارنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارغا:
[20] — سىلەر ئىبادەتخانا ھويلىسىغا كىرىپ، خالايىققا بۇ ھاياتلىق توغرىسىدىكى ھەممە سۆزلەرنى جاكارلاڭلار — دەپ تاپىلىدى.
[21] روسۇللار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تاڭ ئاتقاندا ئىبادەتخانا ھويلىسىغا كىرىپ، كىشىلەرگە تەلىم بېرىشكە باشلىدى.
باش كاھىن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى كەلگەندە، ئۇلار ئالىي كېڭەشمىدىكىلەر ۋە ئىسرائىللارنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرىنى جەم بولۇشقا چاقىردى. ئاندىن روسۇللارنى ئېلىپ كەلسۇن دەپ قاماقخانىغا ئادەم ئەۋەتتى. [22] لېكىن سىپاھلار زىندانغا يېتىپ

---

**16:5** مار. 17:16؛ روس. 7:8؛ 18:16؛ 12:19.
**18:5** **«روسۇللارنى تۇتقۇن قىلىپ، قاماقخانىغا قامىدى»** — مۇشۇ يەردىكى «قاماقخانا» گرېك تىلىدا «ئاممۇۋي تۈرمە» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
**19:5** روس. 7:12؛ 26:16.

بارغاندا، روسۇللارنىڭ ئۇ يەردە يوقلۇقىنى بايقاپ قايتىپ بېرىپ،
كېڭەشمىدىكىلەرگە:
[23]– بىز بارساق، زىندان مەھكەم تاقاقلىق تۇرۇپتۇ، قاراۋۇللارمۇ
دەرۋازىلىرىدا كۆزەتتە تۇرۇپتۇ. لېكىن دەرۋازىلارنى ئېچىپ قارىساق،
ئىچىدە بىرمۇ ئادەم يوق! – دەپ مەلۇمات بەردى.
[24]بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىبادەتخانىدىكى مەسئۇل كاھىن ھەم
قاراۋۇللارنىڭ باشلىقى ۋە باش كاھىنلار: – «ئەمدى بۇ ئىش زادى
قانداق بولۇپ كېتەر؟» دېيىشىپ ئالاقزادىلىككە چۆمدى. [25]دەل شۇ
چاغدا، بىر كىشى كىرىپ:
قاراڭلار، سىلەر زىندانغا قامىغان ئادەملەر ئىبادەتخانا ھويلىسىدا
تۇرۇپ خالايىققا تەلىم بېرىۋاتىدىغۇ! – دەپ خەۋەر قىلدى.
[26]بۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى قاراۋۇللار باشلىقى سىپاھلىرىنى باشلاپ
بېرىپ، روسۇللارنى ئېلىپ كەلدى. بىراق ئۇلار خالايىق بىزنى چالما-
كېسەك قىلىشى مۇمكىن دەپ قورقۇپ، ئۇلارغا زورلۇق ئىشلەتمىدى.
[27]ئۇلار روسۇللارنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى كېڭەشمىدىكىلەر
ئالدىدا تۇرغۇزدى. باش كاھىن ئۇلارنى سوراق قىلىپ:
[28]– بىز ئەسلى سىلەرنى بۇ نامدا كىشىلەرگە تەلىم بەرمەڭلار، دەپ
قاتتىق ئاگاھلاندۇرغانىدۇق. لېكىن مانا، سىلەر يەنە شۇ تەلىمىڭلار
بىلەن پۈتكۈل يېرۇسالېمنى قاپلىدىڭلار ھەمدە بۇ كىشىنىڭ قان
قەرزىنى بىزگە ئارتماقچى بولۇۋاتىسىلەر! – دېدى.
[29]لېكىن پېترۇس ۋە باشقا روسۇللار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
ئىنسانغا ئەمەس، خۇداغا ئىتائەت قىلىش كېرەك! [30]سىلەر
تۇتۇپ ياغاچقا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن ئەيسانى، ئاتا-بوۋىمىزنىڭ

---

**26:5** مات. 26:21؛ روس. 21:4.

**28:5** **«سىلەر...بۇ كىشىنىڭ قان قەرزىنى بىزگە ئارتماقچى بولۇۋاتىسىلەر!»** — قىزىق ئىش شۇكى، يەھۇدىي ئاقساقاللىرىنىڭ تىلى «ئەيسا» دېيىشكە قەتئىي بارمايدۇ.

**28:5** روس. 18:4.

**29:5** روس. 19:4.

خۇداسى تىرىلدۈردى. [31] خۇدا ئىسرائىل خەلقىنى تووۋا قىلىشقا ۋە
گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلىشىگە مۇيەسسەر قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى
ئۇلۇغلاپ يېتەكچى ھەم قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىغا
كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى. [32] بىز بۇ ئىشلارغا گۇۋاھچىلارمىز؛ شۇنداقلا
خۇدا ئۆزىگە ئىتائەت قىلغۇچىلارغا ئاتا قىلغان مۇقەددەس روھمۇ بۇ
ئىشلارغا گۇۋاھچىدۇر.
[33] ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قەلبىگە سانجىلغاندەك بولۇپ روسۇللارنى
ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەتلەشتى. [34] لېكىن كېڭەشمە ئىچىدە پۈتۈن
خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پەرىسىي مەزھىپىدىكى
گامالىيەل ئىسىملىك بىر تەۋرات ئۆلىماسى بار ئىدى. ئۇ ئورنىدىن
تۇرۇپ:
ئۇلارنى بىردەم سىرتقا چىقىرىپ تۇرۇڭلار، ــ دەپ بۇيرۇدى.
[35] ئاندىن ئۇ كېڭەشمىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:
ئەي ئىسرائىللار، سىلەر بۇ كىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزۈڭلارغا
ئېھتىيات قىلىڭلار! [36] ئىلگىرى، ھېلىقى تەۋداس ئىسىملىك ئۆزىنى
چوڭ تۇتۇپ ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئۇنىڭغا تەخمىنەن تۆت يۈز ئادەم
قوشۇلدى. بىراق ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى ۋە بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى
تارقىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىشى يوققا چىقتى. [37] ئاندىن كېيىن نوپۇس
تىزىملاش كۈنلىرىدە، گالىلىيەلىك يەھۇدامۇ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ،
بىر توپ كىشىنى توپلاپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرگەن. ئۇمۇ يوقىتىلىپ،
بارلىق ئەگەشكۈچىلىرىمۇ تارقىتىۋېتىلگەن. [38] ئەمدى سىلەرگە

---

30:5 **«...ياغاچقا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن ئەيسا»** ــ گرېك تىلىدا «...دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرگەن ئەيسا».

**30:5** قان. 23:21؛ روس. 15:3؛ 39:10؛ 29:13؛ 1پېت. 24:2.

**31:5** روس. 33:2؛ 15:3؛ فىل. 9:2.

**32:5** يۇھ. 27:15؛ روس. 4:2.

36:5 **«بىراق ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى...»** ــ «ئۇ ... ئۆلتۈرۈلدى» ــ شۈبھىسىزكى، ئۇ رىملىق كۈچلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدۇ. تەۋداسنىڭ ئىسيانى رىم ئىمپېرىيەسىگە قارشى بولغان بولسا كېرەك

**36:5** روس. 38:21.

نەسىھىتىم شۇكى: بۇ كىشىلەر بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن! ئۇلارنى
ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىڭلار. چۈنكى ئەگەر بۇ ئىقىم ياكى بۇ ئىش
پەقەت ئىنساندىن كەلگەن بولسا، جەزمەن يوققا چىقىدۇ. [39] لېكىن
ئەگەر خۇدادىن بولسا، سىلەر ئۇلارنى يوقىتالمايسىلەر! ھەتتا ئۆزۈڭلار
خۇداغا ھۇجۇم قىلغۇچىلار بولۇپ چىقىسىلەر!
[40] ئالىي كېڭەشمىدىكىلەر نەسىھەتنى قوبۇل قىلدى؛ ئۇلار
روسۇللارنى چاقىرتىپ كىرىپ، ئۇلارنى قامچىلىتىپ، ئۇلارغا ھەرگىز
ئەيسانىڭ نامىدا سۆزلىمەسلىكنى ئاگاھلاندۇردى. ئاندىن ئۇلارنى
قويۇپ بەردى. [41] روسۇللار ئەمدى كېڭەشمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ،
ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نام ئۈچۈن خورلۇق ئازابى چېكىشكە لايىق
كۆرۈلگەنلىكىدىن شادلاندى. [42] ئۇلار يەنىلا ھەر كۈنى ئىبادەتخانا
ھويلىسىدا ۋە ئۆيمۇ-ئۆي بېرىپ تەلىم بېرىشتىن ۋە «ئەيسا ـ
مەسىھدۇر!» دېگەن خۇش خەۋەرنى جاكارلاشتىن ھېچ توختىمىدى.

## جامائەتنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلىرىگە تاللانغان يەتتە كىشى

6 [1] شۇ كۈنلەردە، مۇخلىسلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ،
گرېكچە سۆزلەيدىغان يەھۇدىيلار يەرلىك ئىبرانىي قېرىنداشلارغا:
ـ كۈندىلىك ئوزۇق-تۈلۈك تەقسىم قىلىنىشتا ئارىمىزدىكى تۇل

---

**38:5** پەند. 30:21؛ يەش. 10:8؛ مات. 13:15.

**39:5** روس. 5:9؛ 9:23.

41:5 **«.. ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نام ئۈچۈن خورلۇق ئازابى چېكىشكە لايىق كۆرۈلگەنلىكىدىن شادلاندى»** ــ مۇشۇ يەردە «مۇبارەك نام» گرېك تىلىدا پەقەت «نام» دېگەن بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى شۇ چاغدىكى ئېتىقادچىلار ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيادا پەقەت بىرلا «نام»، يەنى ئەيسانىڭ نامى مەۋجۇت ئىدى.

**41:5** مات. 12:5.

42:5 **«ۋە «ئەيسا ــ مەسىھدۇر!» دېگەن خۇش خەۋەرنى جاكارلاش...»** ـ ياكى «ۋە خۇش خەۋەر بولغان ئەيسا مەسىھنى جاكارلاش...».

ئاياللار ئېتىبارغا ئېلىنمىدى، دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈشتى. [2] شۇڭا،
ئون ئىككىيلەن پۈتكۈل مۇخلىسلارنى چاقىرىپ يىغىپ، ئۇلارغا
مۇنداق دېدى:
بىزنىڭ خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى يەتكۈزۈش خىزمىتىنى تاشلاپ
قويۇپ، ئوزۇق-تۈلۈك تەقسىم قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىشىمىز توغرا
بولمايدۇ. [3] شۇنىڭ ئۈچۈن، ئى قېرىنداشلار، ئاراڭلاردىكى نام-ئابرۇيى
بار، مۇقەددەس روھقا ۋە دانالىققا تولغان يەتتە كىشىنى ئىلغاپ
تاللاڭلار، ۋە بىز ئۇلارنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىمىز. [4] بىز بولساق،
ئۆزىمىزنى دۇئا قىلىش ۋە سۆز-كالامىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا
بېغىشلايمىز.
[5] بۇ مەسلىھەت خالايىقنىڭ ھەممىسىنى خۇش قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار ئىمان-ئىشەنچكە ۋە روھقا تولغان ئىستىپان ئىسىملىك
بىر ئادەمنى تاللىدى، ۋە يەنە فىلىپ، پروكورۇس، نىكانور، تىمون،
پارمىناس ھەمدە بۇرۇن تەۋرات ئېتىقادىغا كىرگەن ئانتاكيالىق
نىكولاسنى تاللاپ، [6] ئۇلارنى روسۇللارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى.
روسۇللار ئۇلارنىڭ بۇ خىزمەتنى قىلىشى ئۈچۈن قوللىرىنى ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، دۇئا قىلىشتى.
[7] ۋە خۇدانىڭ سۆز-كالامى داۋاملىق تارقالدى؛ يېرۇسالېمدىكى

---

1:6 **«گرېكچە سۆزلەيدىغان يەھۇدىيلار»** — گرېك تىلىدا «گرېكلەشتۈرۈلگەنلەر». **«يەرلىك ئىبرانىي قېرىنداشلار»** — دېمەك، ئىبرانىي تىلىدا سۆزلەيدىغان ئېتىقادچىلار.

2:6 **«ئوزۇق-تۈلۈك تەقسىم قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىشىمىز توغرا بولمايدۇ»** — «ئوزۇق-تۈلۈك تەقسىم قىلىش» گرېك تىلىدا «داستىخانلاردا كۈتۈش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

2:6 مىس. 17:18.

3:6 قان. 13:1؛ روس. 21:1؛ 2:16؛ 1تىم. 7:3.

5:6 روس. 24:11؛ 8:21.

6:6 **«ئىستىپان ئىسىملىك بىر ئادەم... يەنە فىلىپ، پروكورۇس، نىكانور، تىمون، پارمىناس ھەمدە بۇرۇن تەۋرات ئېتىقادىغا كىرگەن ئانتاكيالىق نىكولاسنى تاللاپ، ئۇلارنى روسۇللارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى»** — قىزىق يېرى شۇكى، تاللانغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىملىرىدىن «گرېكلەشكەن يەھۇدىيلار» ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

6:6 روس. 23:1؛ 8:17؛ 3:13؛ 1تىم. 14:4؛ 22:5؛ 2تىم. 6:1.

مۇخلىسلارنىڭ سانىمۇ بارغانسېرى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. نۇرغۇن كاھىنلارمۇ مەسىھ ئېتىقادىغا ئىتائەت قىلىشقا كىرىشۋاتاتتى.

## ئىستىپاننىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى

[8]ۋە ئىستىپان خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە تولغان بولۇپ، خەلق ئىچىدە كارامەتلەر ۋە زور مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسەتتى. [9]بىراق «قۇللۇقتىن چىققان ھۆرلەر» دەپ ئاتالغان سىناگوگتىكى بەزىلەر، يەنى كۇرىنى ۋە ئىسكەندەرىيە شەھەرلىرى ۋە كىلىكىيە ھەم ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن بەزى يەھۇدىيلار ئىستىپانغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى. [10]لېكىن ئۇلار ئۇ سۆز قىلغاندا ئۇنىڭدا بولغان دانالىق ۋە روھقا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. [11]بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەزى ئادەملەرنىڭ ئاغزىنى مايلاپ:

بىز بۇ ئادەمنىڭ مۇسا ۋە خۇداغا قارىتا كۇپۇرلۇق سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، ــ دېگەننى ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سالدى.

[12]ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ خالايىقنى، ئاقساقاللارنى ۋە تەۋرات ئۇستازلىرىنى قۇتراتتى؛ ئاندىن ئىستىپاننىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ، ئالىي كېڭەشمىگە ئېلىپ باردى. [13]ئۇلار ساختا گۇۋاھچىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ مۇنداق دېگۈزدى:

بۇ ئادەم بۇ مۇقەددەس جايغا ۋە تەۋرات قانۇنىغا قارشى سۆزلەرنى قىلىشتىن توختىمايدۇ. [14]چۈنكى بىز ئۇنىڭ ھېلىقى ناسارەتلىك ئەيسا توغرۇلۇق: «ئۇ بۇ جاينى ۋەيران قىلىدۇ ۋە مۇسا پەيغەمبەر

---

7:6 **«نۇرغۇن كاھىنلارمۇ مەسىھ ئېتىقادىغا ئىتائەت قىلىشقا كىرىشۋاتاتتى»** ــ «مەسىھ ئېتىقادىغا» گرېك تىلىدا پەقەت «ئېتىقادقا» دېيىلىدۇ.

**7:6** روس. 20:19.

**10:6** مىس. 12:4؛ يەش. 17:54؛ لۇقا 15:21.

**11:6** مات. 59:26.

13:6 **«بۇ ئادەم بۇ مۇقەددەس جايغا ۋە تەۋرات قانۇنىغا قارشى سۆزلەرنى قىلىشتىن توختىمايدۇ»** ــ «مۇقەددەس جاي» ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ.

بىزگە تاپشۇرغان ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنلىرىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ!»
دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.
15 كېڭەشمىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىستىپانغا كۆز تىكىپ
قارىغىنىدا، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ پەرىشتىنىڭكىدەك پارقىراق
ئىكەنلىكىنى كۆردى.

## ئىستىپاننىڭ گۇۋاھلىقى

7 1 باش كاھىن ئىستىپاندىن:
بۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى راستمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
2 ئىستىپان مۇنداق جاۋاب بەردى:
قېرىنداشلار ۋە ئاتا-بوۋىلار، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! ئاتىمىز
ئىبراھىم تېخى مېسوپوتامىيە رايونىدا تۇرۇۋاتقاندا، يەنى ھاران
شەھىرىگە كۆچۈپ ماكانلىشىشتىن ئىلگىرى، شان-شەرەپنىڭ
ئىگىسى خۇدا ئۇنىڭغا ئايان بولۇپ: 3 «سەن ئۆز يۇرتۇڭ ۋە ئۇرۇق-
جەمەتىڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان زېمىنغا
بارغىن» دېگەنىدى. 4 بۇنىڭ بىلەن ئۇ كالدىيلەرنىڭ زېمىنىنى
تاشلاپ، ھاران شەھىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشتى. ئاتىسى ئۆلگەندىن
كېيىن، خۇدا ئۇنى بۇ زېمىنغا، يەنى سىلەر ھازىر تۇرۇۋاتقان زېمىنغا
يۆتكەپ كەلدى. 5 ئۇ ۋاقىتتا، خۇدا ئۇنىڭغا بۇ زېمىندىن مىراس
بەرمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا تەۋە پۇت قويغۇدەكمۇ بىر يەر بەرمىگەنىدى.
گەرچە ئۇ تېخىچە پەرزەنت كۆرمىگەن بولسىمۇ، خۇدا بۇ زېمىننى
ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ نەسلىگە ئىگىلىكى بولۇش ئۈچۈن بېرىشكە ۋەدە

14:6 **«ئۇ بۇ جاينى ۋەيران قىلىدۇ»** ــ «بۇ جاي» بەلكىم «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»نى كۆرسىتىدۇ (12-ئايەتنى كۆرۈڭ).

3:7 يار. 1:12.

4:7 **«بۇنىڭ بىلەن ئۇ كالدىيلەرنىڭ زېمىنىنى تاشلاپ...»** ــ «كالدىيلىكلەرنىڭ زېمىنى» «ئۇز» دېگەن يۇرتنى كۆرسىتىدۇ («يار.» 31:11، 1:12نى كۆرۈڭ).

قىلدى. [6]ئاندىن خۇدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سېنىڭ نەسلىلىرىڭ
ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ تۇرىدۇ، شۇ يۇرتتىكىلەر ئۇلارنى قۇل
قىلىپ تۆت يۈز يىل خورلايدۇ. [7]بىراق ئۇلارنى قۇللۇققا سالغان ئەلنى
جازالايمەن»، دېدى خۇدا، «ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، نەسلىلىرىڭ ئۇ
يەردىن چىقىپ، بۇ يەردە مېنىڭ ئىبادەت-خىزمىتىمدە بولىدۇ».
[8]كېيىن خۇدا ئىبراھىم بىلەن بەلگىسى خەتنە بولغان ئەھدىنى
تۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق ئۇنىڭدىن تۆرەلدى؛ ئىبراھىم ئۇنى
سەككىزىنچى كۈنى خەتنە قىلدى؛ شۇنداق قىلىپ ئىسھاقتىن
ياقۇپ تۆرەلدى، ياقۇپتىن ئون ئىككى «قەبىلە ئاتىسى» تۆرەلدى.
[9]كېيىن، «قەبىلە ئاتىلىرى» ئىنىسى يۈسۈپكە ھەسەت قىلىپ،
ئۇنى مىسىرغا قۇللۇققا سېتىۋەتتى. لېكىن خۇدا ئۇنىڭ بىلەن
بىللە بولۇپ، [10]ئۇنى بارلىق جەبىر-جاپالاردىن قۇتقۇزۇپ، ئۇنى
مىسىر پادىشاھى پىرەۋنىنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپاتقا ئىگە قىلىپ،
ئۇنىڭغا دانىشمەنلىك ئاتا قىلدى. پادىشاھ ئۇنى مىسىرغا باش
ۋەزىر، ئوردىسىغا باش غوجىدار قىلدى. [11]كېيىن، ئېغىر ئاچارچىلىق

---

**5:7** يار. 7:12؛ 15:13.

**6:7** يار. 13:15-14، 16؛ مىس. 40:12؛ گال. 17:3.

7:7 **«...بىراق ئۇلارنى قۇللۇققا سالغان ئەلنى جازالايمەن... ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، نەسلىلىرىڭ ئۇ يەردىن چىقىپ، بۇ يەردە مېنىڭ ئىبادەت-خىزمىتىمدە بولىدۇ»** — «يار.» 14-13:15.

**7:7** يار. 16:15؛ مىس. 12:3.

8:7 **«كېيىن خۇدا ئىبراھىم بىلەن بەلگىسى خەتنە بولغان ئەھدىنى تۈزگەن..»** — «يار.» 14-10:17. **«ئون ئىككى «قەبىلە ئاتىسى»»** — ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ ئەجدادلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**8:7** يار. 2:21؛ 24:25؛ 32:29؛ 5:30؛ 23:35.

9:7 **«كېيىن، «قەبىلە ئاتىلىرى» ئىنىسى يۈسۈپكە ھەسەت قىلىپ، ئۇنى مىسىرغا قۇللۇققا سېتىۋەتتى. لېكىن خۇدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ...»** — شۇ ۋاقىتتا «قەبىلە ئاتىلىرى» (يۈسۈپتىن باشقا) ئونەيلەن ئىدى. مۇشۇ ۋەقەنى «يار.» 37-بابتىن كۆرۈڭ.

**9:7** يار. 4:37، 28؛ زەب. 17:105.

**10:7** يار. 40:41.

پۈتكۈل مىسىر ۋە قانائان يەرلىرىنى بېسىپ، زور قىيىنچىلىق
بولدى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئوزۇق-تۈلۈك تاپالمىدى. [12] ياقۇپ ئەمدى
مىسىردا ئاشلىق بارلىقىنى ئاڭلىغان بولۇپ، ئوغۇللىرىنى، يەنى
ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى ئۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم ئەۋەتتى. [13] ئىككىنچى
قېتىم بارغاندا، يۈسۈپ ئاكىلىرىغا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. شۇنىڭ
بىلەن يۈسۈپنىڭ جەمەتىدىكىلەر پىرەۋن پادىشاھقا مەلۇم بولدى.
[14] ئاندىن يۈسۈپ ئاتىسى ياقۇپنىڭ ئالدىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنى
پۈتۈن ئائىلە-جەمەتى بىلەن، جەمئىي يەتمىش بەش كىشىنى
مىسىرغا ئۆزىگە چاقىردى. [15] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ مىسىرغا چۈشتى
ۋە شۇ يەردە ئۆلدى؛ كېيىن ئۇنىڭدىن بولغان ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ
شۇ يەردە ئۆلدى. [16] ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى كېيىن شەكەم شەھىرىگە
قايتۇرۇلۇپ، ئىبراھىم بۇرۇن ھامورنىڭ ئوغۇللىرىدىن مەلۇم پۇلغا
سېتىۋالغان، شەكەمدىكى بىر يەرلىككە قويۇلدى.
[17] لېكىن خۇدا ئىبراھىمغا ئەسلى قىلغان ۋەدىنىڭ ۋاقتى
يېقىنلاشقاندا، مىسىردا تۇرۇۋاتقان ئىسرائىل خەلقىنىڭ نوپۇسى

---

**11:7** يار. 54:41؛ زەب. 16:105.

**12:7** **«ياقۇپ ئەمدى مىسىردا ئاشلىق بارلىقىنى ئاڭلىغان بولۇپ، ... ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى ئۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم ئەۋەتتى»** — «بىرىنچى قېتىم ئەۋەتتى» — بىرىنچى قېتىم ئۇلار ئۇكىسى يۈسۈپنى تونىيالمىدى (ئون نەچچە يىل ئۆتكەندى). «يار.» 42-بابنى كۆرۈڭ.

**12:7** يار. 1:42.

**13:7** **«ئىككىنچى قېتىم بارغاندا، يۈسۈپ ئاكىلىرىغا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى»** — «يار.» 43-45-بابنى كۆرۈڭ.

**13:7** يار. 4:45.

**14:7** **«ئاندىن يۈسۈپ ئاتىسى ياقۇپنىڭ ئالدىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ،...مىسىرغا ئۆزىگە چاقىردى»** — «يار.» 46-بابنى كۆرۈڭ.

**15:7** يار. 5:46؛ 33:49.

**16:7** **«ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى كېيىن ... شەكەمدىكى بىر يەرلىككە قويۇلدى»** — «يارىتىلىش» 49:29-32نى كۆرۈڭ. ئىستىپان مۇشۇ يەردە بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بەك قىسقارتىۋېتىدۇ.

**16:7** يار. 16:23؛ 13:50؛ مىس. 19:13؛ يە. 32:24.

خېلى كۆپەيگەندى. [18]ئۇ ۋاقىتتا، يۈسۈپتىن خەۋىرى بولمىغان
يېڭى بىر پادىشاھ مىسىردا تەختكە چىقتى. [19]بۇ پادىشاھ
قوۋمىمىزغا ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئاتا-
بوۋىلىرىمىزنى ئېزىپ خورلىدى، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز بوۋاقلىرىنى
ھايات قالدۇرماسلىقى ئۈچۈن تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر قىلدى.
[20]مۇسا مانا شۇ چاغلاردا تۇغۇلغانىدى. ئۇ خۇدانىڭ ئالدىدا ئالاھىدە
يېقىملىق بالا بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئاي بېقىلدى. [21]كېيىن
ئۇ سىرتقا قويۇپ قويۇلغاندا، پىرەۋننىڭ قىزى ئۇنى سۇدىن ئېلىپ،
ئۆز ئوغلى قىلىپ چوڭ قىلدى. [22]مۇسا مىسىرلىقلارنىڭ بارلىق
بىلىم-ھېكمىتى بىلەن تەربىيىلىنىپ، سۆزدە ۋە ئەمەلدە ئىنتايىن
قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇپ چىقتى.
[23]لېكىن ئۇنىڭ تۇغۇلغىنىغا قىرىق يىل توشقاندا، ئۆز قېرىنداشلىرى
بولغان ئىسرائىللارنىڭ ھالىغا يېتىش نىيىتىگە كەلدى. [24]ئۇ
ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئۇۋال قىلىنىپ بوزەك قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،

**17:7** **«خۇدا ئىبراھىمغا ئەسلى قىلغان ۋەدىنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشقاندا...»** — «خۇدا قىلغان ۋەدە» بولسا خۇدانىڭ «سېنىڭ نەسلىرىڭ ئۇ يەردىن چىقىپ، بۇ يەردە مېنىڭ ئىبادەت-خىزمىتىمدە بولىدۇ» دېگەن ۋەدىسى (7-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**17:7** مىس. 7:1؛ زەب. 24:105.

**18:7** مىس. 8:1

**20:7** **«مۇسا...خۇدانىڭ ئالدىدا ئالاھىدە يېقىملىق بالا...»** — مۇسانىڭ روھىي جەھەتتىكى بەزىبىر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ («مىس» 2:2).

**20:7** مىس. 2:2؛ 19:6؛ چۆل. 59:26؛ 1تار. 13:23؛ ئىبر. 23:11.

**21:7** **«كېيىن ئۇ سىرتقا قويۇپ قويۇلغاندا..»** — مۇشۇ يەردىكى «سىرتقا قويۇپ قويۇش» دېگەن ئىبارە 19-ئايەتتە: (ھايات قالدۇرماسلىقى ئۈچۈن) **«تاشلىۋېتىش»** دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئەمما مۇسانىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بوۋاققا (مۇساغا) بولغان بارلىق مۇئامىلىسى، جۈملىدىن «سىرتقا قويۇش»ى ئىمان-ئىشەنچ بىلەن بولدى. «ئىبر.» 23:11نى، «مىس.» 2-بابنى كۆرۈڭ.
**«پىرەۋننىڭ قىزى ئۇنى سۇدىن ئېلىپ...»** — «مىس.» 2-بابنى كۆرۈڭ.

**23:7** **«ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئىسرائىللارنىڭ ھالىغا يېتىش...»** — گرېك تىلىدا «ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئىسرائىللارنى يوقلاش...».

**23:7** مىس. 2:11-15.

ئۇنى قوغداپ، خارلانغان كىشى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ خارلىغۇچى
مىسىرلىقنى ئۆلتۈردى. [25]چۈنكى ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنى: ــ
خۇدا مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق بىزگە قۇتقۇزۇش يولىنى ئاچقان دەپ
چۈشىنىدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇلار بۇنى چۈشەنمىدى.
[26]ئەتىسى، مۇسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئۇرۇش-جېدەلنى كۆرۈپ،
ئارىسىغا كىرىپ ياراشتۇرماقچى بولۇپ: سىلەر قېرىنداش تۇرۇپ،
نېمىشقا بىر-بىرىڭلارغا يولسىزلىق قىلىۋاتىسىلەر؟ ــ دېدى.
[27]بىراق قېرىندىشىنى يولسىز بوزەك قىلغان كىشى ئۇنى چەتكە
ئىتتىرىۋېتىپ: ــ كىم سېنى بىزگە باش ھەم سوراقچى بولسۇن دەپتۇ؟!
[28]مېنىمۇ تۈنۈگۈنكى مىسىرلىقنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟
ــ دېدى. [29]مۇسا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقۇپ، مىسىردىن قېچىپ مىدىيان
زېمىنىغا بېرىپ، ئۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ يەردە
ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆردى.
[30]قىرىق يىل توشقاندىن كېيىن، سىناي تېغىنىڭ يېنىدىكى چۆلدە،
كۆيۈۋاتقان بىر چاتقاللىقنىڭ ئوت يالقۇنىدا بىر پەرىشتە ئۇنىڭغا
كۆرۈندى. [31]بۇ غايىبانە كۆرۈنۈشنى كۆرگەن مۇسا ئۇنىڭغا ئىنتايىن
ھەيران بولۇپ قالدى؛ بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەي دەپ
يېقىنراق بارغاندا پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ: [32]«مەن سېنىڭ
ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ خۇداسى، يەنى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ
خۇداسىدۇرمەن» دېدى. مۇسا قورقۇنچتا تىترەپ، قاراشقىمۇ جۈرئەت
قىلالمىدى. [33]پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يەنە: ــ ئايىغىڭنى سېلىۋەت؛

---

**27:7** مات. 23:21؛ روس. 35:7؛ 7:4.

**28:7** مىس. 14:2.

29:7 **«مۇسا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقۇپ، مىسىردىن قېچىپ مىدىيان زېمىنىغا بېرىپ،...»**
ــ ئۇنىڭ قورقىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى مىسىرلىقنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئاشكارىلانغانلىقى بولۇشى كېرەك. لېكىن ئاخىردا ئۇنىڭ مىسىرنى تاشلاپ كېتىشى قورقۇنچتىن ئەمەس، بەلكى ئىماندىن ئىدى ( يەنە «مىس.» 2-بابنى، «ئىبر.» 27:11نى كۆرۈڭ).

**30:7** مىس. 2:3

**32:7** مىس. 6:3؛ مات. 32:22؛ ئىبر. 16:11.

چۈنكى سەن تۇرۇۋاتقان يەر مۇقەددەستۇر. [34] مەن دەرھەقىقەت مىسىردا
تۇرۇۋاتقان خەلقىمنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ نالە-
پەريادلىرىنى ئاڭلىدىم. شۇڭا مەن ئۇلارنى ئېلىپ چىققىلى چۈشتۈم.
ئەمدى بارغىن، مەن سېنى مىسىرغا ئەۋەتەي!» دېدى.
[35] مانا ھېلىقى كىشىلەر: «كىم سېنى بىزگە باش ھەم سوراقچى
بولسۇن دەپتۇ!؟» دەپ رەت قىلغان دەل مۇشۇ مۇسانى، خۇدا ئۇنىڭغا
چاتقاللىقتا كۆرۈنگەن پەرىشتىنىڭ قولى بىلەن ئىسرائىللارغا
ھەم باش ھەم قۇتقۇزغۇچى بولۇشقا ئەۋەتتى. [36] ئەنە شۇ مۇسا خەلققە
يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى مىسىردىن چىقاردى ھەمدە مىسىر
زېمىنىدا، قىزىل دېڭىزنىڭ بويىدا ۋە قىرىق يىلنى ئۆتكۈزگەن
چۆلدە كارامەتلەرنى ۋە مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسەتتى. [37] ئەنە
شۇ مۇسا ئۆزى ئىسرائىللارغا: «خۇدا قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن
ماڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەرنى تىكلەيدۇ» دېگەنىدى. [38] چۆل-
باياۋاندىكى جامائەتكە ھەمراھ بولغان، سىناي تېغىدا ئۇنىڭغا سۆز
قىلغان پەرىشتە بىلەن بىللە بولغان، ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىلەن بىللە
بولغان ھەمراھ دەل ئەنە شۇ ئىدى؛ ھاياتلىق بەخش يەتكۈزىدىغان
ۋەھىيلەرنى بىزگە يەتكۈزۇش ئۈچۈن قوبۇل قىلغۇچى بولغان دەل ئەنە
شۇ ئىدى؛ [39] شۇنداق بولسىمۇ، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۇنىڭغا ئىتائەت

---

**7:33** مىس. 3:5، 7، 8، 10؛ يە. 5:15.

**7:34** مىس. 3:2-10.

7:36 **«...شۇ مۇسا خەلققە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى مىسىردىن چىقاردى ھەمدە مىسىر زېمىنىدا، قىزىل دېڭىزنىڭ بويىدا ۋە قىرىق يىلنى ئۆتكۈزگەن چۆلدە كارامەتلەرنى ۋە مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسەتتى»** — بۇ ئىشلار «مىسىردىن چىقىش» ھەم «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر»دىكى ئۇلۇغ تېمادۇر.

**7:36** مىس. 7؛ 8؛ 9؛ 10؛ 11؛ 13؛ 14؛ 16:1؛ قان. 1:3.

7:37 **«خۇدا قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن ماڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەرنى تىكلەيدۇ»** — «قان.» 18:15.

**7:37** قان. 18:15، 18؛ يۇھ. 1:46؛ روس. 3:22؛ مات. 17:5.

**7:38** مىس. 19:3؛ گال. 3:19.

قىلىشنى خالىماي، ئۇنى چەتكە قېقىپ، كۆڭلىدە مىسىرغا قايتىشنى ئارزۇ قىلدى؛ [40]شۇڭا ئۇلار ھارۇنغا: ــ «بىزگە يول باشلايدىغان ئىلاھلارنى ياساپ بەرگىن! چۈنكى بىزنى مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىققان ھېلىقى مۇسانىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق» دېدى. [41]شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنلەردە ئۇلار موزاي شەكلىدە بىر بۇت ياساپ، بۇ مەبۇدقا ئاتاپ قۇربانلىق سۇندى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىغان بىر نەرسىنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن تەبرىكلەشكە كىرىشتى. [42]لېكىن خۇدا ئۇلاردىن يۈزىنى ئۆرۈپ، ئۇلارنى ئاسماندىكى يۇلتۇز قوشۇنلىرىغا چوقۇنۇشقا قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇقەددەس يازمىسىدا پۈتۈلگەندەك، خۇدا ئۇلارنى مۇنداق ئەيىبلىدى: ــ
«سىلەر چۆل-باياۋاندا بولغان قىرىق يىل جەريانىدا قىلغان قۇربانلىق-ھەدىيەلەرنى ھەقىقەتەن ماڭا ئېلىپ كەلگەنمۇسىلەر، ئى ئىسرائىل جەمەتى؟ [43]بەرھەق، سىلەر چوقۇنۇش ئۈچۈن ياسىغان مەبۇدلار، يەنى «مولوق»نىڭ چېدىرى ھەم بۇتۇڭ بولغان «رەمفان»نىڭ يۇلتۇز بەلگىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدىڭلار؛ ئەمدى مەن سىلەرنى ئەسىر قىلىپ بابىلدىن يىراققا سۈرگۈن قىلدۇرىمەن».
[44]ئاتا-بوۋىلىرىمىز چۆلدىن كەزگەن ۋاقىتىدا، «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق»

---

40:7 **«شۇڭا ئۇلار ھارۇنغا...»** ــ ھارۇن مۇسانىڭ ئاكىسى. **«شۇڭا خالايىق ھارۇنغا: ــ «بىزگە يول باشلايدىغان ئىلاھلارنى ياساپ بەرگىن! چۈنكى بىزنى مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىققان ھېلىقى مۇسانىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق» دېدى»** ــ بۇ ۋەقە مۇسا پەيغەمبەر سىناي تېغىدىن تېخى چۈشمىگەن ۋاقىتتا بولغانىدى («مىس.» 32-باب).

**40:7** مىس. 32:1، 23.

**42:7** ئام. 5:25.

43:7 **«... بەرھەق، سىلەر چوقۇنۇش ئۈچۈن ياسىغان مەبۇدلار، يەنى «مولوق»نىڭ چېدىرى ھەم بۇتۇڭ بولغان «رەمفان»نىڭ يۇلتۇز بەلگىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدىڭلار؛ ئەمدى مەن سىلەرنى ئەسىر قىلىپ بابىلدىن يىراققا سۈرگۈن قىلدۇرىمەن»** ــ «ئام.» 5:25-27.

**43:7** ئام. 5:26، 27.

**چېدىرى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىكلەنگەنىدى؛ ئۇ دەل مۇساغا
سۆز-كالام يەتكۈزگۈچىنىڭ بۇيرۇغىنىدەك، كۆرسىتىلگەن ئۆرنەك
بويىچە ياسالغانىدى. [45] شۇ ئىبادەت چېدىرىنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز
ئىلگىرىدىكىلەردىنمۇ ئېگىدارچىلىقىغا تاپشۇرۇپ، يەشۇئانىڭ
يېتەكچىلىكىدە، خۇدا ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا قوغلىغان ئەللەرنىڭ
زېمىنلىرىنى بېسىۋالغىنىدا، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن؛ ئۇ
شۇنداقلا پادىشاھ داۋۇتنىڭ زامانىغىچە تۇرغان. [46] داۋۇت خۇدانىڭ
شاپائىتىگە ئېرىشىپ، ياقۇپنىڭ خۇداسى ئۈچۈن بىر مۇقىم ماكان
سېلىشقا ئىجازەت سورىغان. [47] بىراق كېيىن، خۇدا ئۈچۈن ئىبادەتخانا
سالغان داۋۇت ئەمەس، ئەمەلىيەتتە سۇلايمان بولدى. [48] ھالبۇكى،
ئەڭ ئالىي بولغۇچى ئىنسانىنىڭ قوللىرى بىلەن ياسىغان ماكانلاردا
تۇرمايدۇ؛ خۇددى پەيغەمبەر مۇنداق دېگىنىدەك: ــ
[49] «ئاسمانلار مېنىڭ تەختىم،
زېمىن بولسا ئاياغلىرىمغا تەختىپەردۇر،
ئەمدى ماڭا قانداق ئۆي-ئىمارەت ياسىماقچىسىلەر؟**

---

44:7 **«««ھۆكۈم-گۇۋاھلىق» چېدىرى»** ــ يەنى «ئىبادەت چېدىرى»؛ «مىس.» 34:16 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. **«ئۇ دەل مۇساغا سۆز-كالام يەتكۈزگۈچىنىڭ بۇيرۇغىنىدەك، كۆرسىتىلگەن ئۆرنەك بويىچە ياسالغانىدى»** ــ «سۆز-كالام يەتكۈزگۈچى» ــ خۇدانىڭ ئۆزى، ئەلۋەتتە.

**44:7** مىس. 40:25؛ ئىبر. 5:8.

45:7 **«يەشۇئانىڭ يېتەكچىلىكىدە...»** ــ يەنى يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە.

**45:7** يە. 14:3.

46:7 **«ياقۇپنىڭ خۇداسى ئۈچۈن بىر مۇقىم ماكان سېلىشقا ئىجازەت سورىغان»** ــ گرېك تىلىدا «ياقۇپنىڭ خۇداسى ئۈچۈن بىر مۇقىم ماكان تېپىشقا ئىجازەت سورىغان» («2سام.» 7-بابنى كۆرۈڭ).

**46:7** 1سام. 1:16؛ 2سام. 2:7؛ 1تار. 1:17؛ زەب. 89:19-21؛ 132:5؛ روس. 13:22.

47:7 **«بىراق كېيىن، خۇدا ئۈچۈن ئىبادەتخانا سالغان داۋۇت ئەمەس، ئەمەلىيەتتە سۇلايمان بولدى»** ــ «1پاد.» 5-6-بابنى كۆرۈڭ.

**47:7** 1پاد. 1:6؛ 1تار. 12:17.

**48:7** 1پاد. 27:8؛ روس. 24:17.

ماڭا قانداق يەر ئارامگاھ بولالايدۇ؟
[50] بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ قولۇم ياراتقان ئەمەسمىدى؟»
[51] — ئەي، بوينى قاتتىق، يۈرىكى ۋە قۇلىقى خەتنىسىز بولغانلار! سىلەر مۇقەددەس روھ بىلەن دائىم قارشىلىشىسىلەر؛ سىلەر ئاتا-بوۋىلىرىڭلار نېمە قىلغان بولسا، شۇنى ئوخشاش قىلىۋاتىسىلەر!
[52] پەيغەمبەرلەردىن زادى قايسىسىغا ئاتا-بوۋىلىرىڭلار زىيانكەشلىك قىلىپ باقمىغان؟ شۇنداق قىلىپ ئۇلار «ھەققانىي بولغۇچى»نىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن جاكارلىغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشكەن. ئەمدى ئۇ ئۆزى ھازىر كەلگەندە، سىلەر ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغۇچى ۋە قاتىل بولۇپ چىقتىڭلار، [53] ئى سىلەر تەۋرات قانۇنىنى پەرىشتىلەرنىڭ ئەمرى-تاپىلىغانلىرى بىلەن تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغۇچىلار!»

## ئىستىپاننىڭ چالما-كېسەك قىلىنىشى

[54] ئىستىپاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئالىي كېڭەشمىدىكىلەر يۈرىكىگە خەنجەر سانجىلغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. [55] لېكىن ئۇ بولسا مۇقەددەس روھقا تولغان، كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ، خۇدانىڭ جۇلاسىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا

---

**49:7** 2تار. 33:6؛ يەش. 1:66، 2؛ مات. 34:5؛ 22:23.

50:7 «ئاسمانلار مېنىڭ تەختىم، زېمىن بولسا ئاياغلىرىمغا تەختىپەردۇر، ئەمدى ماڭا قانداق ئۆي-ئىمارەت ياسىماقچىسىلەر؟ ماڭا قانداق يەر ئارامگاھ بولالايدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ قولۇم ياراتقان ئەمەسمىدى؟» — «يەش.» 1:66-2.

**50:7** يەش. 1:66-2؛ يار. 4:1.

**51:7** نەھ. 16:9، 17؛ يەر. 1:6.

52:7 «شۇنداق قىلىپ ئۇلار «ھەققانىي بولغۇچى»نىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن جاكارلىغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشكەن. ئەمدى ئۇ ئۆزى ھازىر كەلگەندە، سىلەر ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغۇچى ۋە قاتىل بولۇپ چىقتىڭلار،...» — «ھەققانىي بولغۇچى» ئەيسانى كۆرسىتىدۇ.

**53:7** مىس. 3:19؛ 3:24؛ يۇھ. 19:7؛ گال. 19:3؛ ئىبر. 2:2.

ئەيسانىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، [56] — قاراڭلار! ئاسمانلار ئېچىلىپ،
ئىنسانئوغلىنىڭ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن!
— دېدى.
[57] ئۇلار بۇنىڭغا قۇلاقلىرىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋېلىپ، ئاۋازىنى
قاتتىق كۆتۈرۈپ ۋارقىرىشىپ بىرلىكتە ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ
كېلىشۈپ، [58] ئۇنى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ، چالما-
كېسەك قىلىشقا باشلىدى. ئۇنى ئەرز قىلغان گۇۋاھچىلار ئۇنى
چالما-كېسەك قىلىشتىن ئاۋۋال چاپانلىرىنى سائۇل ئىسىملىك بىر
ياشنىڭ پۇتى ئالدىدا قويۇپ قويۇشتى. [59] ئۇلار ئىستىپاننى چالما-
كېسەك قىلغىنىدا ئۇ:
ئى رەب ئەيسا، مېنىڭ روھىمنى قوبۇل قىلغايسەن! — دەپ نىدا
قىلدى.
[60] ئاندىن ئۇ تىزلىنىپ تۇرۇپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن:
ئى رەب، بۇ گۇناھنىڭ ھېسابىنى ئۇلاردىن ئالمىغايسەن، — دېدى. ئۇ
بۇ سۆزنى قىلىپ بولۇپلا جان ئۈزۈپ ئۇخلاپ كەتتى.

## سائۇلنىڭ ئېتىقادچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشى

8 [1] ئىستىپاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى سائۇلمۇ قوللايتتى. شۇ كۈندىن
باشلاپ، يېرۇسالېمدىكى جامائەتكە قارىتىلغان دەھشەتلىك
زىيانكەشلىك قوزغالدى. روسۇللاردىن باشقا بارلىق جامائەتتىكىلەر
يەھۇدىيە ۋە سامارىيەنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىغا تارقىلىپ

---

**58:7 «ئۇنى ئەرز قىلغان گۇۋاھچىلار ئۇنى چالما-كېسەك قىلىشتىن ئاۋۋال چاپانلىرىنى سائۇل ئىسىملىك بىر ياشنىڭ پۇتى ئالدىدا قويۇپ قويۇشتى»** — تەۋرات قانۇنى بويىچە بىرسى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولسا ئۇنىڭغا ئەرز قىلغان گۇۋاھچىلار بىرىنچى بولۇپ تاش ئېتىشى كېرەك ئىدى («قان.» 7:17).

**58:7** 1پاد. 13:21؛ لۇقا 29:4.

**59:7** زەب. 5:31؛ لۇقا 46:23.

**60:7** مات. 44:5؛ لۇقا 34:23؛ 1كور. 12:4.

كېتتى. [2]بەزى ئىخلاسمەن كىشىلەر ئىستىپاننى دەپنە قىلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق يىغا-زارلارنى كۆتۈرۈشتى. [3]لېكىن سائۇل جامائەتكە ۋەيرانچىلىق سېلىپ، ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇپ، ئەر-ئايالغا قارىماي ئۇلارنى سۆرەپ چىقىپ زىندانغا تاشلىدى.

## خۇش خەۋەرنىڭ سامارىيە ئۆلكىسىگە يېتىپ بېرىشى

[4]ئەمدى تارقىلىپ كەتكەنلەر تارقالغان يۇرتلاردا كېزىپ سۆز-كالامنىڭ خۇش خەۋىرىنى جاكارلىدى. [5]ئۇلارنىڭ ئىچىدىن فىلىپ بولسا سامارىيەنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىگە بېرىپ، يەرلىك كىشىلەرگە مەسىھنى جاكارلىدى. [6]توپ-توپ كىشىلەر ئۇنى ئاڭلاپ ھەمدە ئۇ كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، بىر جان بىر دىل بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. [7]چۈنكى ناپاك روھلار بولسا، چاپلىشىۋالغان كىشىلەردىن قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە چىقىپ كەتتى. نۇرغۇن پالەچ، توكۇرلارمۇ ساقايتىلدى؛ [8]زور شاد-خۇراملىق شۇ شەھەرنى قاپلىدى.

[9]ئۇ شەھەردە ئەسلى جادۇگەر-سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سىمون ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى؛ ئۇ شۇ يول بىلەن پۈتكۈل سامارىيەدىكىلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، ئۆزىنى قالتىس زات كۆرسەتمەكچى بولۇپ كەلگەنىدى. [10]پېقىردىن تارتىپ ئامباللىغىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىپ قارايتتى ۋە «خۇدانىڭ ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتى مانا شۇ!» دېيىشەتتى. [11]خالايىق ئۇنىڭغا شۇنداق ئىخلاس قىلىشى ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى جادۇگەر-

---

**1:8** روس. 19:11؛ 20:22.

**2:8** يار. 2:23؛ 10:50؛ 2سام. 31:3

**3:8** روس. 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.

**4:8** مات. 23:10؛ روس. 19:11.

**7:8** مار. 17:16؛ روس. 16:5؛ 18:16؛ 11:19.

**9:8** روس. 6:13.

سېھىرگەرلىكى بىلەن ئۇلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ كەلگەنلىكى
تۈپەيلىدىن ئىدى. [12] لېكىن ئەمدى فىلىپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ۋە
ئەيسا مەسىھنىڭ نامى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى جاكارلىغىنىدا
ئۇلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى ۋە ئەرلەر بولسۇن، ئاياللار بولسۇن
چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلدى. [13] سىمون ئۆزىمۇ ئىشەندى. ئۇ
چۆمۈلدۈرۈلگەن بولۇپ، ھەمىشە فىلىپنىڭ يېنىدا يۈردى ھەمدە
فىلىپ كۆرسىتىۋاتقان مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ۋە قۇدرەتلىك ئىشلارغا
قاراپ، ئىنتايىن ھەيران بولدى.
[14] يېرۇسالېمدىكى روسۇللار سامارىيەلىكلەرنىڭ خۇدانىڭ سۆزىنى
قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، پېترۇس بىلەن يۇھاننانى ئۇلارغا
ئەۋەتتى؛ [15] ئىككىيلەن ئۇ يەرگە چۈشۈشى بىلەنلا، ئۇلارنى مۇقەددەس
روھنىڭ ئاتا قىلىنىغۇچىسى بولسۇن دەپ دۇئا قىلدى. [16] چۈنكى
مۇقەددەس روھ تېخى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا چۈشمىگەنىدى؛ ئۇلار
پەقەت رەب ئەيسانىڭ نامى بىلەن چۆمۈلدۈرۈلگەنىدى. [17] پېترۇس
بىلەن يۇھاننا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قولىنى تەگكۈزۈشى بىلەن،
مۇقەددەس روھ ئۇلارغا ئاتا قىلىندى. [18] لېكىن سىمون مۇقەددەس
روھنىڭ روسۇللارنىڭ قولىنى تەگكۈزۈپ قويۇشى بىلەن ئاتا
قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا پۇل تەڭلەپ:
[19] — بۇ كۈچ-قۇدرەتتىن ماڭىمۇ بېرىڭلاركى، مەنمۇ ھەركىمنىڭ
ئۈستىگە قوللىرىمنى تەگكۈزسەم، ئۇنىڭغا مۇقەددەس روھ ئاتا

17:8 **«پېترۇس بىلەن يۇھاننا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قولىنى تەگكۈزۈشى بىلەن، مۇقەددەس روھ ئۇلارغا ئاتا قىلىندى»** — بۇ چوڭ ئىش ئىدى. ئەسلىدە يەھۇدىيلار ۋە سامارىيەلىكلەر بىر-بىرىگە بەك ئۆچ ئىدى، ھېچقانداق باردى-كەلدى قىلمايتتى. سامارىيەلىكلەر مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن فىلىپ («يېرىم گرېك»)نىڭ قولىنى ئەمەس، بەلكى ساپ ئىككى يەھۇدىينىڭ قولىنى ئۇلارغا تەگكۈزۈشنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. ساپ ئىككى يەھۇدىيمۇ ھازىر ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، قوللىرىنى «ناپاك سامارىيەلىكلەر»نىڭ بېشىغا قويۇشى كېرەك. «يۇھاننا» 4-باب، «ماتتا»نىڭ «قوشۇمچە سۆز»ىدىكى 19:16 توغرۇلۇق ئىزاھاتىمىزنى ۋە «گال.» 28:3نى كۆرۈڭ.

**17:8** روس. 6:6؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 14:4؛ 22:5؛ 2تىم. 6:1.

قىلىنسۇن، ــ دېدى.
[20] لېكىن پېترۇس ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
خۇدانىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغىنىڭ
ئۈچۈن، پۇلۇڭ سەن بىلەن تەڭ ھالاكەتكە بارسۇن! [21] سېنىڭ بۇ ئىشتا
ھېچ ھەسسەڭ ياكى نېسىۋەڭ يوقتۇر! چۈنكى سېنىڭ نىيىتىڭ
خۇدا ئالدىدا دۇرۇس ئەمەس! [22] شۇڭا، بۇ رەزىللىكىڭدىن تovۋا
قىلىپ، رەبتىن، مۇمكىن بولسا كۆڭلۈمدىكى بۇ نىيىتىم كەچۈرۈم
قىلىنغاي، دەپ ئۆتۈن! [23] چۈنكى سېنىڭ ئاچچىق ھەسەتكە تولۇپ،
ھەققانىيسىزلىقنىڭ ئاسارىتىدا ئىكەنلىكىڭ ماڭا مەلۇم.
[24] سىمون ئۇلارغا:
مەن ئۈچۈن رەبدىن ئۆتۈنۈڭلاركى، سىلەر ئېيتقان ئىشلاردىن ھېچبىرى
بېشىمغا كەلمىگەي! ــ دېدى.
[25] پېترۇس بىلەن يۇھاننا يەنە شۇ يەردە ئاگاھ-گۇۋاھلىق بېرىپ
رەبنىڭ سۆز-كالامىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، سامارىيەنىڭ نۇرغۇن
يېزا-كەنتلىرىگە بېرىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزگەچ، يېرۇسالېمغا
قايتىپ كەتتى.

## فىلىپ ۋە ئېفىئوپىيىلىك ئەمەلدار

[26] شۇ ۋاقىتتا، خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسى فىلىپقا:
ئورنۇڭدىن تۇرۇپ جەنۇبقا قاراپ يېرۇسالېمدىن گازا شەھىرىگە
ماڭىدىغان يول بىلەن ماڭ! ــ دېدى (شۇ يول چۆلدىكى يولدۇر). [27]
[28] شۇڭا فىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا چىقتى. ۋە مانا، يولدا ئېفىئوپىيە
ئايال پادىشاھى كانداسىنىڭ بىر ئەمەلدارى، پۈتكۈل خەزىنىگە
مەسئۇل ئېفىئوپىيەلىك ئاغۋات ۋەزىر تۇراتتى. ئۇ يېرۇسالېمغا خۇداغا

**20:8** مات. 8:10.

24:8 **«سىمون ئۇلارغا: ــــ مەن ئۈچۈن رەبدىن ئۆتۈنۈڭلاركى، سىلەر ئېيتقان ئىشلاردىن ھېچبىرى بېشىمغا كەلمىگەي! ــــ دېدى»** ــ بەزى قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلەر بويىچە، سىمون كېيىن خۇش خەۋەرگە ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ چىققان.

ئىبادەت قىلغىلى بارغانىدى؛ ھازىر قايتىش يولىدا ئۆزىنىڭ جەڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ، يەشايا پەيغەمبەرنىڭ يازمىسىنى ئوقۇۋاتاتتى.
29 روھ فىلىپقا:
بۇ ھارۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىن، ــ دېدى.
30 فىلىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ۋەزىرنىڭ يەشايا پەيغەمبەرنىڭ يازمىسىدىن ئوقۇۋاتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن:
ئوقۇۋاتقىنىڭىزنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ ــ دەپ سورىدى.
31 ۋەزىر ئۇنىڭغا:
بىرى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بەرمىسە، مەن قانداقمۇ چۈشىنەلەيمەن؟! ــ دەپ، فىلىپنى ھارۋىسىغا چىقىپ يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئۆتۈندى.
32 ئۇ ئوقۇۋاتقان يازما قىسمى بولسا:

«ئۇ گويا بوغۇزلاشقا يېتىلەپ مېڭىلغان قويدەك بوغۇزلاشقا ئېلىپ مېڭىلدى،
قىرقىغۇچى ئالدىدا ئۈن-تىنسىز ياتقان قوزىدەك، ئۇ زادىلا ئېغىز ئاچمىدى. 33 ئۇ خورلىنىدۇ، ئۇ ھەق سوراقتىن مەھرۇم بولدى،
ئەمدى ئۇنىڭ ئەۋلادىنى كىممۇ بايان قىلالىسۇن؟!
چۈنكى ھاياتى يەر يۈزىدىن ئېلىپ كېتىلدى».

34 ئاغۋات فىلىپتىن:
دەپ بەرسىڭىز، پەيغەمبەرنىڭ بۇ سۆزى كىمگە قارىتىپ ئېيتىلغان؟ ئۆزىگىمۇ ياكى باشقا بىرسىگىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

---

29:8 **«روھ فىلىپقا: ... ـــ دېدى»** ــ «روھ» ــ مۇقەددەس روھ، ئەلۋەتتە. **«بۇ ھارۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىن»** ــ گرېك تىلىدا «بېرىپ ئۆزۈڭنى بۇ ھارۋىغا قوشقىن».
33:8 **«...ئۇ خورلىنىدۇ، ئۇ ھەق سوراقتىن مەھرۇم بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئەۋلادىنى كىممۇ بايان قىلالىسۇن؟! چۈنكى ھاياتى يەر يۈزىدىن ئېلىپ كېتىلدى»** ــ «يەش.» 53:7-8.

**33:8** يەش. 53:7، 8.

[35] فىلىپ ئاغزىنى ئېچىپ شۇ يازمىنىڭ شۇ قىسمىدىن باشلاپ، ئۇنىڭغا ئەيسا توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى جاكارلاپ بەردى. [36] ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، سۇ بار بىر يەرگە كەلگەندە، ئاغۋات:

مانا بۇ يەردە سۇ بار ئىكەن. مۇشۇ يەردىلا چۆمۈلدۈرۈلۈشۈمگە قانداق توسالغۇ بار؟ ــ دېدى.

[37] فىلىپ: «پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن ئىشەنگەن بولساڭ، چۆمۈلدۈرۈلگىلى بولىدۇ» دېدى.

ئۇ جاۋابەن: «ئىشىنىمەنكى، ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلىدۇر» دېدى. [38] ئۇ هارۋىنى توختىتىشنى بۇيرۇدى. فىلىپ ۋە ئاغۋات ئىككىسى بىللە سۇغا چۈشۈپ، ئۇنى چۆمۈلدۈردى. [39] ئۇلار سۇدىن چىققاندا، رەببىنىڭ روھى فىلىپنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. ئاغۋات ئۇنى قايتا كۆرمىدى، ئەمما ئۇ شادلىنىپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. [40] فىلىپ بولسا ئاشدود شەهىرىدە پەيدا بولدى؛ ئۇ شۇ يۇرتنى كېزىپ، شۇ يەردىن قەيسەرىيە شەهىرىگە كەلگۈچە بولغان هەممە شەهەرلەردە خۇش خەۋەر جاكارلىدى.

## سائۇلنىڭ ئەيساغا ئېتىقاد قىلىشى

9 [1] ئەمما شۇ چاغلار سائۇل هەر نەپەسىدە رەببىنىڭ مۇخلىسلىرىغا تېخىچە ئىزچىل قىرغىنچىلىق تەهدىتلىرى سېلىۋاتقان پەيت

---

35:8 **«ئۇنىڭغا ئەيسا توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى جاكارلاپ بەردى»** ــ گرېك تىلىدا: «ئۇ ئۇنىڭغا ئەيسانى خۇش خەۋەر دەپ جاكارلاپ بەردى».

**35:8** لۇقا 45:24.

**36:8** روس. 47:10.

37:8 **«پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن ئىشەنگەن بولساڭ، چۆمۈلدۈرۈلگىلى بولىدۇ»** ــ بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە 37-ئايەت تېپىلمايدۇ. ئىسپاتقا قارىغاندا، ئۇنى قوبۇل قىلدۇق.

40:8 **«فىلىپ بولسا ئاشدود شەهىرىدە پەيدا بولدى»** ــ «ئاشدود شەهىرى» گرېك تىلىدا «ئازوتۇس شەهىرى».

ئىدى. ئۇ باش كاھىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، [2]دەمەشق شەھىرىدىكى
سىناگوگلارغا تەۋسىيە خېتى يېزىپ بېرىشنى سورىدى. شۇنداق
بولغاندا، ئۇ دەمەشقتە مەسىھ يولىدىكىلەردىن بىرەرسىنى، مەيلى
ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن تېپىۋالسىلا، باغلاپ تۇتقۇن قىلىپ،
يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىشكە رۇخسەت بولاتتى.
[3]سائۇل يولغا چىقىپ، دەمەشق شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا، تۇيۇقسىز
ئاسماندىن كۈچلۈك بىر نۇر چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى يورۇتۇۋەتتى.
[4]ئۇ يەرگە يىقىلدى ۋە ئۆزىگە:
سائۇل، سائۇل! ماڭا نېمىشقا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟ ــ دېگەن بىر
ئاۋازنى ئاڭلىدى.
[5]ــ ئى رەب، سەن كىمسەن؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.
ئاۋاز: ــ مەن سەن زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان ئەيسادۇرمەن.
[6]ئورنۇڭدىن تۇر، شەھەرگە كىر، نېمە قىلىشىڭ كېرەكلىكى ساڭا

---

1:9 **«سائۇل ھەر نەپەسىدە رەبنىڭ مۇخلىسلىرىغا تېخىچە ئىزچىل قىرغىنچىلىق تەھدىتلىرى سېلىۋاتقان پەيت ئىدى»** ــ گرېك تىلىدا «سائۇلنىڭ ھەر نەپەسلىرى رەبنىڭ مۇخلىسلىرىغا تېخىچە ئىزچىل قىرغىنچىلىق تەھدىتلىرى بولۇپ،...».

**1:9** روس. 3:8؛ 4:22؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.

2:9 **«مەسىھ يولىدىكىلەر»** ــ مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا پەقەت ««يول»دىكىلەر» دېيىلىدۇ (چۈنكى ئېتىقادنىڭ پەقەت بىرلا يولى باردۇر). **«دەمەشق شەھىرىدىكى سىناگوگلارغا تەۋسىيە خېتى يېزىپ بېرىشنى سورىدى. شۇنداق بولغاندا، ئۇ دەمەشقتە مەسىھ يولىدىكىلەردىن بىرەرسىنى... تېپىۋالسىلا، باغلاپ تۇتقۇن قىلىپ، يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىشكە رۇخسەت بولاتتى»** ــ سائۇل تۇتماقچى بولغانلار مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان يەھۇدىيلارلا ئىدى (ئۇنىڭ يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشىدىن ھېچ خەۋىرى بولمىسا كېرەك).

— —دەمەشقتىكى سىناگوگلار دەمەشق شەھىرىنى باشقۇرمىغان، ئەلۋەتتە. لېكىن شەھەردە يەھۇدىيلارنىڭ تەسىرى خېلى كۈچلۈك بولغاچقا (23-ئايەتنى كۆرۈڭ) سائۇل يەھۇدىي ئىشەنگۈچىلەرنى تۇتماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى ياكى رۇخسىتىنى سورىمىسا بولمايتتى.

**3:9** روس. 6:22؛ 31:26؛ 1كور. 8:15؛ 2كور. 2:12.

4:9 **«سائۇل، سائۇل!»** ــ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىم چاقىرىش بولسا رەبنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ۋە ئۆزىگە تولىمۇ ئەزىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**5:9** روس. 39:5.

ئېيتىپ بېرىلىدۇ» ــ دېدى.
[7] ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان ئادەملەر ئاۋازنى ئاڭلىسىمۇ، ھېچكىمنى
كۆرەلمىگەچكە، شۇ يەردە ئۈن چىقىرالماي تۇرۇپلا قالدى. [8] سائۇل
يەردىن تۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىدى، لېكىن ھېچ نەرسىنى
كۆرەلمىدى. ھەمراھلىرى ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ دەمەشققە ئېلىپ
كىردى. [9] ئۇ ئۈچ كۈنگىچە كۆزى كۆرمەس بولۇپ نە يېمىدى نە
ئىچمىدى.
[10] دەمەشقتە ئانانىياس ئىسىملىك مەلۇم بىر مۇخلىس بار ئىدى. رەب
ئۇنىڭغا بىر غايىبانە كۆرۈنۈشتە كۆرۈنۈپ ئۇنى:
ئانانىياس! ــ دەپ چاقىردى.
مانا مەن، ئى رەب، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.
[11] رەب ئۇنىڭغا:
سەن دەرھال «تۈز» دەپ ئاتالغان كوچىغا بېرىپ، يەھۇدانىڭ ئۆيىدىن
تارسۇسلۇق سائۇل ئىسىملىك بىرىنى سوراپ تاپ؛ چۈنكى مانا،
ئۇ دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ. [12] ئۇ دۇئا قىلىۋاتقىنىدا، غايىبانە
كۆرۈنۈشتە ئانانىياس ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ كېلىپ، كۆزىنى
كۆرىدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۈستىگە قولىنى تەگكۈزگەنلىكىنى
كۆردى، ــ دېدى.
[13] ئانانىياس:
ئى رەب، مەن بۇ ئادەمنىڭ خەۋىرىنى نۇرغۇن كىشىلەردىن ئاڭلىدىم،
ئۇ يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس بەندىلىرىڭگە شۇنچە كۆپ

---

**6:9** لۇقا 10:3؛ روس. 2:37؛ 16:30.

**7:9** دان. 7:10.

**11:9** روس. 21:39؛ 22:3.

زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن! [14]ھازىر ئۇ مۇشۇ يەردە نامىڭغا نىدا
قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ باغلاش ئۈچۈن باش كاھىنلاردىن
ھوقۇق ئاپتۇ ــ دېدى.
[15]لېكىن رەب ئۇنىڭغا:
بارغىن! چۈنكى ئۇ نامىمنى ئەللەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ
ھەم ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا ئايان قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈمگە ئالاھىدە
تاللىغان بىر ئەسۋابتۇر. [16]چۈنكى مەن ئۇنىڭغا نامىم ئۈچۈن
قانچىلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىشىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى
ئايان قىلىمەن، ــ دېدى.
[17]بۇنىڭ بىلەن ئانانىياس بېرىپ، شۇ ئۆيگە كىردى؛ ئۇ قوللىرىنى
سائۇلنىڭ ئۈستىگە تەگكۈزۈپ ئۇنىڭغا:
قېرىنداش سائۇل، رەب، يەنى بۇ يەرگە كېلىۋاتقان يولۇڭدا ساڭا
كۆرۈنگەن ئەيسا، كۆزلىرىڭنى كۆرەلەيدىغان بولسۇن دەپ ۋە
سېنىڭ مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلۇشۇڭ ئۈچۈن مېنى شەخسەن
ئۆزى ئەۋەتتى، ــ دېۋىدى، [18]سائۇلنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى بېلىق
قاسىرىقىدەك بولغان بىر نەرسىلەر چۈشۈپ، كۆزلىرى ئېچىلىپ
كۆرەلەيدىغان بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل

---

13:9 **«ئۇ يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس بەندىلىرىڭگە شۇنچە كۆپ زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن!»** ــ ئىنجىلدا «مۇقەددەس بەندىلەر» دېگەن ئىبارە كۆپ يەرلەردە ئىشلىتىلگەن. ئۇ گرېكچىدە «مۇقەددەسلەر» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. «تەبىرلەر»دە ئېيتقىنىمىزدەك، «مۇقەددەس» دېگەن سۆز «خۇداغا ئاتالغان»، «خۇداغا خاس»، «خۇداغا مەخسۇس ئايرىلغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**13:9** روس. 9:1؛ 1كور. 9:15؛ گال. 1:13؛ 1تىم. 1:13.

15:9 **«...ئۇ نامىمنى ئەللەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ھەم ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا ئايان قىلىش ئۈچۈن...»** ــ گرېك تىلىدا «... ئۇ نامىمنى ئەللەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ھەم ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈش ئۈچۈن...».
—«ئەللەر» ــ يات ئەللەر، يەھۇدىي ئەمەسلەر.

**15:9** روس. 13:2؛ 22:21؛ رىم. 1:1؛ گال. 1:15؛ 2:8؛ ئەف. 3:8؛ 1تىم. 2:7؛ 2تىم. 1:1.

**16:9** روس. 21:11؛ 2كور. 11:23.

**17:9** روس. 22:12.

قىلدى. [19]ئۇ غەزەپلىنىپ، قۇۋۋەتلىنىپ ماغدۇرغا كىردى.

## سائۇلنىڭ دەمەشقتە خۇش خەۋەر جاكارلىشى

[20]سائۇل دەمەشقتىكى مۇخلىسلارنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كۈن تۇردى ۋە ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي سىناگوگلارغا كىرىپ، «ئۇ خۇدانىڭ ئوغلىدۇر» دەپ ئەيسانى جاكارلاشقا باشلىدى. [21]ئۇنى ئاڭلىغانلار سۆزلىرىدىن ئىنتايىن ھەيران بولۇشۇپ:

بۇ ئادەم يېرۇسالېمدا بۇ نامغا نىدا قىلغۇچىلارنى قاتتىق ۋەيران قىلغان ھېلىقى ئادەم ئەمەسمۇ؟ بۇ يەرگىمۇ مۇشۇنداقلارنى باغلاپ باش كاھىنلارغا تۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە كەلگەنمىدۇ؟ ــ دېيىشتى.

[22]لېكىن سائۇلنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بارغانسېرى ئېشىپ، ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ دەمەشقتىكى يەھۇدىيلارنى پاراكەندىچىلىككە چۆمدۈردى.

[23]كۆپ كۈنلەردىن كېيىن، يەھۇدىيلار سائۇلنى يوقاتماقچى قەست قىلماقچى بولدى. [24]لېكىن سائۇل ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىدىن خەۋەر تاپتى؛ ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار كېچە-كۈندۈز شەھەرنىڭ قوۋۇقلىرىدا پايلاپ يۈردى. [25]لېكىن مۇخلىسلار بىر كۈنى كېچىدە ئۇنى چوڭ سېۋەتكە ئولتۇرغۇزۇپ، سېپىل كامارىدىن چۈشۈردى.

---

9:22 **«سائۇلنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بارغانسېرى ئېشىپ...»** ــ ياكى، «سائۇل بارغانسېرى كۈچلەندۈرۈلۈپ،...». **«دەمەشقتىكى يەھۇدىيلارنى پاراكەندىچىلىككە چۆمدۈردى»** ــ ياكى «دەمەشقتىكى يەھۇدىيلارنى بۇنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدۇردى».

**9:24** 2كور. 32:11.

9:25 **«ئۇنى ... سېپىل كامارىدىن چۈشۈردى»** ــ ياكى، «ئۇنى... كۆنگۈرىدىن چۈشۈردى». «2كور.» 33:11نىمۇ كۆرۈڭ.

**9:25** يە. 15:2؛ 1سام. 12:19.

## سائۇل يېرۇسالېمدا

[26] سائۇل يېرۇسالېمغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى مۇخلىسلارغا قوشۇلماقچى بولدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۇخلىس ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭدىن قورقتى. [27] بىراق بارناباس ئۇنى ئېلىپ بېرىپ، روسۇللار بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇ ئۇلارغا سائۇلنىڭ دەمەشقنىڭ يولىدا رەببىنى قانداق كۆرگەنلىكىنى، رەببىنىڭمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلغانلىقىنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇنىڭ دەمەشقتە ئەيسانىڭ نامىدا قانداق جۈرئەتلىك بىلەن سۆز-كالام يەتكۈزگەنلىكىنى ئۇ قتۇردى. [28] بۇنىڭ بىلەن، سائۇل يېرۇسالېمدا روسۇللار بىلەن بىللە ئۇچۇق-ئاشكارە يۈرۈپ، يۈرەكلىك ھالدا رەببىنىڭ نامىدا سۆز-كالام يەتكۈزەتتى. [29] ئۇ يەنە گرېكچە سۆزلىشىدىغان يەھۇدىيلار بىلەنمۇ سۆزلىشىپ مۇنازىرىلىشەتتى؛ نەتىجىسى، ئۇلار ئۇنىڭغا قەست قىلماقچى بولدى. [30] قېرىنداشلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى قەيسەرىيە شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن تارسۇس دېگەن شەھەرگە يولغا سالدى.

[31] ئۇ چاغدا، پۈتكۈل يەھۇدىيە، گالىلىيە ۋە سامارىيەدىكى جامائەتلەر بىر مەزگىل تىنچلىقتا ئېرىشىپ، ئېتىقادتا قۇرۇلدى؛ رەببىنىڭ قورقۇنچىدا مېڭىپ، مۇقەددەس روھنىڭ رىغبەت-تەسەللىسى بىلەن ئۇلارنىڭ سانلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيەمەكتە ئىدى.

26:9 **«سائۇل يېرۇسالېمدا روسۇللار بىلەن بىللە ئۇچۇق-ئاشكارە يۈرۈپ...»** — -23- ۋە 26-ئايەت ئوتتۇرىسىدا ئۈچ يىل ئۆتكەنىدى. «گال.» 1-18؛15نى كۆرۈڭ\
**26:9** روس. 17:22؛ گال. 18:1-15
**27:9** روس. 25:11.
28:9 **«سائۇل يېرۇسالېمدا روسۇللار بىلەن بىللە ئۇچۇق-ئاشكارە يۈرۈپ...»** — گرېك تىلىدا «سائۇل يېرۇسالېمدا روسۇللار بىلەن بىللە كىرىپ-چىقىپ...».
31:9 **«ئۇ چاغدا...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «شۇنىڭ بىلەن...» ياكى «شۇڭا...».

## پېترۇس لىددا ۋە يوپپا (جاففا، خايفا) شەھەرلىرىدە ياراتقان مۆجىزىلەر

[32] شۇ ۋاقىتلاردا شۇنداق بولدىكى، پېترۇس ھەرقايسى جايلارنى ئارىلاپ يۈرگەندە، لىددا شەھىرىدىكى مۇقەددەس بەندىلەرنىمۇ يوقلاشقا چۈشتى. [33] ئۇ يەردە ئۇ ئەنىياس ئىسىملىك بىر ئادەمنى ئۇچراتتى. بۇ ئادەم پالەچ بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ ياتقىلى سەككىز يىل بولغانىكەن.

[34] پېترۇس ئۇنىڭغا:

ئەنىياس، ئەيسا، يەنى مەسىھ بولغۇچى سېنى ساقايتىدۇ. ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، پالەسىڭنى يىغىشتۇر! ــ دېدى.

ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى. [35] ئەنىياسنى كۆرگەن لىددا شەھىرىدىكى ۋە شارون رايونىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى توۋا قىلىپ رەبگە باغلاندى.

[36] يوپپا شەھىرىدە بولسا تابىتا ئىسىملىك بىر ئايال مۇخلىس بار ئىدى (ئۇنىڭ ئىسمى گرېكچىدە «دوركاس» ئىدى). ئۇ ھەردائىم ياخشى ئەمەللەر ۋە خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلارغا بېرىلەتتى. [37] شۇ كۈنلەردە شۇنداق بولدىكى، ئۇ كېسەل بولۇپ، ئۆلۈپ كەتتى. كىشىلەر جەسەتنى يۇيۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى بىر ئۆيگە ياتقۇزۇپ قويدى. [38] يوپپا شەھىرى لىددا شەھىرىگە يېقىن بولغاچقا، يوپپادىكى مۇخلىسلار پېترۇسنىڭ لىددادا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار: «ھايال بولماي يېنىمىزغا كەلسەڭ!» ــ دەپ يېلىندى. [39] پېترۇس ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىللە يوپپاغا باردى. يوپپاغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلار ئۇنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيگە باشلاپ چىقتى. بارلىق تۇل ئاياللار پېترۇسنىڭ

---

33:9 **«ئورۇن تۇتۇپ...»** ــ گرېك تىلدا «پالاس تۇتۇپ...».

35:9 **«...شارون رايونىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى توۋا قىلىپ رەبگە باغلاندى»** ــ گرېك تىلدا «شارون رايونىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى (ئۆز يولىدىن) بۇرۇلۇپ رەبگە باغلاندى».

36:9 **«يوپپا شەھىرى»** ــ گرېك تىلدا ئىسمى «يوپپا». ھازىرقى ئىسمى «جاففا» ياكى «خايفا». **«...تابىتا...دوركاس...»** ــ «تابىتا» ئىبرانيي تىلدا، «دوركاس» گرېك تىلدا «جەرەن» دېگەن مەنىدە.

ئەتراپىغا ئولىشىپ، يىغا-زار قىلىشىپ ئۇنىڭغا دوركاسنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىدا ئۇزلىرىگە تىكىپ بەرگەن كۆڭلەك-كىيىملىرىنى كۆرسىتىشتى.
[40] لېكىن پېترۇس ھەممەيلەننى چىقىرىۋېتىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇ جەسەتكە قاراپ:
تابىتا، ئورنۇڭدىن تۇر! ــ دېدى.
تابىتا كۆزىنى ئېچىپ، پېترۇسنى كۆرۈپ، ئورنىدا ئولتۇردى.
[41] پېترۇس ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە مۇقەددەس بەندىلەر بىلەن تۇل ئاياللارنى چاقىرىپ، دوركاسنى ئۇلارغا تىرىك تاپشۇرۇپ بەردى. [42] بۇ خەۋەر پۈتكۈل يوپپاغا تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر رەبگە ئېتىقاد قىلدى. [43] شۇنداق بولدىكى، پېترۇس يوپپادا سىمون ئىسىملىك بىر كۆنچىنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن كۈنلەر تۇردى.

## رىملىق يۈزبېشىغا پەرىشتىنىڭ كۆرۈنۈشى

10 [1] قەيسەرىيە شەھىرىدە كورنىلىي ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ رىم قوشۇنىدىكى «ئىتالىيەلىكلەر» قىسمىنىڭ يۈزبېشى ئىدى. [2] ئۇ ئىخلاسمەن ئادەم بولۇپ، ئۆزى ۋە پۈتكۈل ئۆيىدىكىلىرى خۇدادىن قورقاتتى. ئۇ مەردلىك بىلەن نامراتلارغا خەير-ساخاۋەت قىلىپ، دائىم خۇداغا دۇئا-تىلاۋەت قىلاتتى. [3] بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە، ئۇ غايىبانە بىر كۆرۈنۈشتە خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى ئوچۇق كۆردى.

---

42:9 **«بۇ خەۋەر پۈتكۈل يوپپاغا تارقىلىپ...»** ــ مۇشۇ يەردە «يوپپا» يوپپا (جاففا) شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتكۈل يەرلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. (ھازىرقى ئىسمى «خايفا»).
2:10 **«كورنىلىي ئىخلاسمەن ئادەم بولۇپ، ئۆزى ۋە پۈتكۈل ئۆيىدىكىلىرى خۇدادىن قورقاتتى...»** ــ كورنىلىي بەلكىم سىناگوگقا قاتناشقان «خۇدادىن قورققۇچى» دەپ ئاتالغان يات ئەللىكلەردىن بىرى ئىدى. گەرچە يەھۇدىيلارنىڭ رىملىقلارغا خۇشى بولمىسىمۇ، ئۇ ئېتىقادى تۈپەيلىدىن يەھۇدىي نامراتلارغا شۇنداق خەيرلىك ئىشلارنى قىلاتتى.

پەرىشتە ئۇنى:
كورنىلىي! ــ دەپ چاقىردى.
[4]كورنىلىي ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى تىكىپ قاتتىق چۆچۈپ:
تەقسىر، نېمە ئىش؟ ــ دەپ سورىدى.
پەرىشتە ئۇنىڭغا:
سېنىڭ دۇئالىرىڭ ۋە خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلىرىڭ خۇدا ئالدىغا
ئەسلەتمە قۇربانلىقتەك بېرىپ يەتتى. [5]ئەمدى سەن يوپپاغا ئادەم
ئەۋەتىپ، پېترۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان سىمون ئىسىملىك ئادەمنى
چاقىرتىپ كەل. [6]ئۇ سىمون ئىسىملىك بىر كۆنچىنىڭ ئۆيىدە مېھمان
بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىموننىڭ ئۆيى دېڭىز بويىدا، ــ دېدى.
[7]ئۇنىڭغا سۆزلىگەن پەرىشتە كەتكەندىن كېيىن، كورنىلىي ئۆيىدىكى
خىزمەتچىلەردىن ئىككىنى ۋە دائىم يېنىدا تۇرۇپ خىزمەت
قىلغۇچىلار ئىچىدىكى ئىخلاسمەن بىر لەشكەرنى چاقىردى. [8]بارلىق
ئىشلارنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى يوپپاغا ئەۋەتتى.

## خۇدانىڭ پېترۇسقا ۋەھيى بېرىشى

[9]ئەتىسى ئۇلار سەپەر قىلىپ شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، چۈش ۋاقتى
بولۇپ، پېترۇس دۇئا قىلىش ئۈچۈن ئۆگزىگە چىقتى. [10]ئۇنىڭ
قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، بىر نەرسە يەي دېدى. بىراق ئۇلار غىزا
تەييارلىۋاتقاندا، غايىبانە بىر ئالامەت پېترۇسنى ئورىۋالدى. [11]ئۇ
ئاسمان ئېچىلىپ، تۆت بۇرجىكىدىن باغلانغان هالدا يەر يۈزىگە
چۈشۈرۈلۈۋاتقان كەڭ داستىخاندەك بىر نەرسىنى كۆردى. [12]داستىخاندا
ھەرخىل تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار، يەر بېغىرلىغۇچىلار، ئاسماندىكى
ئۇچار-قاناتلارمۇ بار ئىدى. [13]ئۇنىڭغا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

---

**3:10 «چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە»** ــ قانائان (پەلەستىن) ۋاقتى بىلەن «سائەت توققۇزلاردا».

**9:10 «چۈش ۋاقتى»** ــ ئىبرانىيلارنىڭ ۋاقتى بىلەن «سائەت ئالتىدە».

**9:10** 2پاد. 33:4؛ مات. 6:6.

**«ئورنۇڭدىن تۇر، پېترۇس، ئۇلاردىن سويۇپ يە!»**
**14 ــ ياق، رەب، ھەرگىز بولمايدۇ! مەن ھېچقاچان ھېچقانداق ناپاك**
**ياكى ھارام نەرسىنى يېگەن ئەمەسمەن! ــ دېدى پېترۇس.**
**15 ئاۋاز ئىككىنچى قېتىم كېلىپ ئۇنىڭغا:**
**خۇدا ھالال دەپ پاكلىغاننى سەن ھارام دېمە! ــ دېيىلدى.**
**16 بۇ ئىش ئۈچ قېتىم يۈز بېرىپ، ئاندىن داستىخاندەك بولغان شۇ**
**نەرسە دەرھال ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى.**
**17 پېترۇس كۆرگەن غايىبانە ئالامەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا قايمۇقۇپ**
**تۇرغاندا، مانا كورنېلىي ئەۋەتكەن كىشىلەر سىموننىڭ ئۆيىنى**
**تېپىپ، دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى.**
**18 ئۇلار بىرسىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن پېترۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان**
**سىمون دېگەن بىرسى بۇ يەردە تۇرامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.**
**19 پېترۇس تېخىچە شۇ غايىبانە ئالامەتنىڭ مەنىسى ئۈستىدە**
**ئويلىنىۋاتقاندا، روھ ئۇنىڭغا:**
**مانا، سېنى ئۈچ ئادەم ئىزدەپ كەلدى. 20 ئورنۇڭدىن تۇر، پەسكە چۈش،**
**ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇلار بىلەن بىللە بارغىن. چۈنكى ئۇلارنى**
**ئەۋەتكۈچى مەن! ــ دېدى.**

---

14:10 **«ياق، رەب، ھەرگىز بولمايدۇ! مەن ھېچقاچان ھېچقانداق ناپاك ياكى ھارام نەرسىنى يېگەن ئەمەسمەن!»** ــ داستىخاندىكى ھەرخىل ھايۋانلار ئىچىدە تەۋرات قانۇنى ھارام دەپ بېكىتكەن نۇرغۇن جانىۋارلار بولسا كېرەك ئىدى.

**14:10** لاۋ. 11؛ 4:11؛ قان. 7:14.

**15:10** مات. 11:15؛ رىم. 17:14، 20؛ 1تىم. 4:4؛ تىت. 15:1.

18:10 **«ئۇلار ، يەنى كورنېلىي ئەۋەتكەن كىشىلەر بىرسىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن پېترۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان سىمون دېگەن بىرسى بۇ يەردە تۇرامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى»** ــ 18-21-ئايەتلەردىن قارىغاندا، دەسلەپتە ھېچكىم مۇشۇ ئادەملەرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. يەھۇدىي قېرىنداشلار دەرۋازىنىڭ سىرتىدا بىرنەچچە رىملىقلارنىڭ، جۈملىدىن بىر رىملىق ئەسكەرنىڭ پېترۇس توغرۇلۇق سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەلكىم جاۋاب بېرىشتىن بىرئاز قورققان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

19:10 **«مانا، روھ ئۇنىڭغا: ــ مانا، سېنى ئۈچ ئادەم ئىزدەپ كەلدى... دېدى»** ــ «روھ» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى.

21 پېترۇس پەسكە چۈشۈپ، ھېلىقى ئادەملەرگە:
سىلەر ئىزدىگەن كىشى مانا مەن بولىمەن. بۇ يەرگە كېلىش
سەۋەبىڭلار نېمىكىن؟ ــ دېدى.
22 ئۇلار جاۋابەن: ــ ھەققانىي بىر ئادەم، خۇدادىن قورقىدىغان،
شۇنداقلا پۈتكۈل يەھۇدىي خەلقى تەرىپىدىن كورنېلىي ئىسىملىك
رىملىق يۈزبېشى مۇقەددەس بىر پەرىشتە تەرىپىدىن سىزنى ئۆيىگە
چاقىرتىپ، سىزدىن سۆز-كالام ئاڭلاشقا ئەمر قىلىنغان! ــ دېدى.
23 شۇڭا پېترۇس ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، قوندۇرۇپ مېھمان
قىلدى.
ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىقتى.
يوپپادىكى قېرىنداشلاردىن بەزىلىرى ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ ماڭدى.
24 ئىككىنچى كۈنى، ئۇلار قەيسەرىيەگە يېتىپ باردى. ئەمدى
كورنېلىي تۇغقانلىرى ۋە يېقىن يار-بۇرادەرلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ،
پېترۇسلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. 25 پېترۇس ئۆيگە
كىرگەندە، كورنېلىي ئالدىغا چىقىپ، ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ سەجدە
قىلدى. 26 لېكىن پېترۇس دەرھال ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:
ئورنۇڭدىن تۇرغىن! مەنمۇ بىر ئىنسان، خالاس! ــ دېدى.
27 ئۇ كورنېلىيغا گەپ قىلغاچ ئۆيگە كىرىۋىدى، ئۆينىڭ ئىچىگە
يىغىلغان توپ-توپ ئادەملەرنى كۆردى. 28 ئۇ ئۇلارغا:
سىلەرگە مەلۇمكى، بىز يەھۇدىيلارنىڭ يات ئەللىكلەردىن بىرسى
بىلەن باردى-كەلدى قىلىشى ياكى ئۆيلىرىگە كىرىشى تەۋرات قانۇن-
ئەقىدىلىرىمىزگە خىلاپ. لېكىن خۇدا ماڭا ھېچقانداق ئادەمنى
ناپاك ياكى ھارام دېمەسلىكىم كېرەكلىكىنى ئايان قىلدى. 29 شۇنىڭ
ئۈچۈن سىلەر ئادەم ئەۋەتىپ مېنى چاقىرغاندا، ھېچ رەت قىلماي
ئالدىڭلارغا كەلدىم. ئەمدى سوراي، مېنى نېمە دەپ چاقىردىڭلار؟ ــ
دېدى.

---

**26:10** روس. 14:14؛ ۋەھ. 10:19؛ 9:22.

**28:10** مىس. 32:23؛ 15:34؛ قان. 7:2؛ يۇھ. 9:4؛ 28:18؛ روس. 3:11؛ 8:15؛ ئەف. 6:3.

[30]كورنىلىي مۇنداق دېدى:
تۆت كۈننىڭ ئالدىدا بۈگۈنكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە روزا تۇتقانىدىم؛ سائەت ئۈچلەردە مەن ئۆيدە دۇئا قىلىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز كىيىملىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئادەم ئالدىمدا پەيدا بولۇپ ئۆرە تۇردى: [31]«كورنىلىي! دۇئايىڭ ئىجابەت قىلىندى ۋە خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلىرىڭ خۇدا ئالدىغا ئەسلەتمە قۇربانلىقتەك يەتتى. [32]شۇڭا يوپپاغا ئادەم ئەۋەتىپ، پېترۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان سىمون ئىسىملىك ئادەمنى چاقىرتىپ كەل. ئۇ دېڭىز بويىدا ئولتۇراقلىق سىمون ئىسىملىك بىر كۆنچىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى. [33]شۇنىڭ ئۈچۈن، دەرھال ئۆزلىرىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەنىدىم. ئۆزلىرى كۆلبەمگە كېلىپ ياخشى قىلدىلا! ئەمدى بىز ھەممەيلەن خۇدا ئۆزلىرىگە ئەمر قىلغان بارلىق سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدا ھازىر تۇرۇۋاتىمىز.

## خۇدا يات ئەللەرگىمۇ نىجات ئاتا قىلىدۇ

[34-35]پېترۇس ئاغزىنى ئېچىپ مۇنداق دېدى:
بەرھەق، مەن خۇدانى ھېچقانداق ئادەمگە يۈز-خاتىرە قىلمايدۇ، دەپ چۈشىنىپ يەتتىم؛ بەلكى ھەر ئەلدىن بولغانلار ئىچىدە ئۇنىڭدىن قورقىدىغان ۋە ھەققانىيەت يۈرگۈزىدىغان كىشى بولسىلا، ئۇنىڭ ئالدىدا مەقبۇلدۇر. [36]خۇدا ئىسرائىل خەلقىگە يەتكۈزگەن سۆز-كالام، يەنى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق (ئۇ پۈتكۈل مەۋجۇداتلارغا رەبدۇر) ئىناق-خاتىرجەملىك جاكارلانغان خۇش خەۋەر سىلەرگە مەلۇمغۇ؛ [37-38]سىلەرنىڭمۇ يەھيا پەيغەمبەر چۈمۈلدۈرۈش چاقىرىقىنى

---

30:10 **«سائەت ئۈچلەردە»** ــ ئىبرانىيلارنىڭ ۋاقتى بىلەن «سائەت توققۇزلاردا». بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «روزا تۇتتۇم» دېگەن سۆزلەر تېپىلمايدۇ.

**31:10** مات. 3:28؛ مار. 5:16؛ لۇقا 4:24.

**34:10-35** قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1.

**36:10** يەش. 5:9؛ 7:52؛ يۇھ. 33:16؛ رىم. 1:5؛ كول. 20:1.

يەتكۈزگەندىن تارتىپ، گالىلىيەدىن باشلاپ پۈتكۈل يەھۇدىيە زېمىنلىرىدا ناسارەتلىك ئەيسا توغرۇلۇق گۇۋاھلىقتىن ــ يەنى خۇدانىڭ قانداق قىلىپ ئۇنى مۇقەددەس روھ ۋە كۈچ-قۇدرەت بىلەن مەسىھلىگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە يەرنى كېزىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ئىبلىسنىڭ ئىلكىدە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ساقايتقانلىقىدىن خەۋىرىڭلار باردۇر. چۈنكى خۇدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. [39] بىزمۇ ئۇنىڭ ھەم يەھۇدىيلارنىڭ زېمىنىدا ھەم يېرۇسالېمدا قىلغان پۈتۈن ئەمەللىرىنىڭ گۇۋاھچىلىرى. ئۇلار ئۇنى ياغاچقا ئېسىشى بىلەنمۇ ئۆلتۈردى. [40-41] بىراق ئۈچىنچى كۈنى، خۇدا ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈپ نامايان قىلدى. بىراق ھەممە كىشىلەرگە ئەمەس، پەقەت خۇدا ئۆزى ئالدى بىلەن تاللىغان گۇۋاھچىلار، يەنى ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخان بولغان بىزلەرنىڭ ئارىمىزدا نامايان قىلدى. [42] ئۇ بىزگە خەلققە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشنى ۋە ئۆزىنىڭ خۇدا تەرىپىدىن تىرىكلەر ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سوراقچىسى قىلىنىپ تەيىنلەنگۈچى ئىكەنلىكىنى جاكارلاشنى ئەمر قىلدى. [43] بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ھەركىم ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان بولسا ئۇنىڭ نامى ئارقىلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

[44] پېترۇس تېخى بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، مۇقەددەس روھ سۆز-

---

**37:10-38** يەش. 23:8؛ 1:9؛ مات. 12:4؛ مار. 14:1، 38، 39؛ لۇقا 14:4؛ زەب. 7:45؛ يەش. 1:61؛ لۇقا 18:4.

39:10 **«يەھۇدىيلارنىڭ زېمىنى»** ــ يەھۇدىيە. **«ئۇلار ئۇنى ياغاچقا ئېسىپ ئۆلتۈردى»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇلار ئۇنى دەرەختە ئېسىپ ئۆلتۈردى».

40:10-41 **«...ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخان بولغان بىزلەر...»** ــ گرېك تىلىدا «...ئۇنىڭ بىلەن يېگەن ۋە ئىچكەن بىزلەر...».

**40:10-41** مار. 14:16؛ لۇقا 34:24؛ يۇھ. 19:20؛ روس. 24:2؛ 1كور. 5:15.

**42:10** مات. 19:28؛ مار. 15:16؛ يۇھ. 16:15؛ روس. 31:17.

**43:10** يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 24:9؛ مك. 20:7؛ روس. 9:15.

كالامنى ئاڭلاۋاتقان ھەممە كىشىگە چۈشتى. [45]پېترۇس بىلەن بىللە كەلگەن خەتنىلىك بولغان ئېتىقادچىلارنىڭ ھەربىرى مۇقەددەس روھنىڭ يات ئەللىكلەرگىمۇ ئاتا قىلىنىپ تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ بەك ھەيران بولۇشتى. [46]چۈنكى ئۇلارنىڭ كارامەت نامەلۇم تىللاردا سۆزلىشىپ خۇدانى ئۇلۇغلىغانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇڭا پېترۇس:
[47]— مۇشۇ كىشىلەر بىزگە ئوخشاش مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلغۇچى بولغان بولسا، كىم ئۇلارنىڭ سۇغا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىنى توسالىسۇن؟! — دېدى.
[48]شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ رەببىنىڭ نامىدا چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇلار پېترۇسنىڭ ئۇلار بىلەن بىرنەچچە كۈن تۇرۇشىنى ئۆتۈندى.

## پېترۇسنىڭ «يات ئەللىكلەر»نىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى ئاقلىشى

11 [1]روسۇللار ۋە يۇتكۇل يەھۇدىيەدىكى باشقا قېرىنداشلار يات ئەللىكلەرنىڭمۇ خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. [2]شۇڭا، پېترۇس يېرۇسالېمغا قايتقاندا، خەتنىلىك بولغان ئېتىقادچىلار ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇپ:
[3]— سەن خەتنە قىلىنمىغان ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمداستىخان بولدۇڭ؟! — دېدى.
[4]بىراق پېترۇس پۈتۈن ئىشنى باشتىن-ئاخىرىغىچە ئۇلارغا بىر-

44:10 روس. 17:8.
45:10 **«خەتنىلىك بولغان ئېتىقادچىلار»** — (يوپپادىن كەلگەن) يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. **«يات ئەللىكلەرگە»** — دېمەك، يەھۇدىي ئەمەسلەرگە.
46:10 مار. 17:16؛ روس. 4:2.
47:10 روس. 36:8؛ 17:11.
2:11 **«يېرۇسالېمغا قايتقاندا»** — گرېك تىلىدا «يېرۇسالېمغا چىققاندا»
3:11 مىس. 32:23؛ 15:34؛ قان. 2:7؛ يەۋ. 28:18.

بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ [5] مۇنداق دېدى:
يوپپا شەھىرىدە دۇئا قىلىۋاتقىنىمدا، غايىبانە كۆرۈنۈش مېنى
ئورىۋېلىپ، بىر ئالامەتنى كۆردۈم. كەڭ داستىخاندەك بىر نەرسە تۆت
بۇرجىكىدىن باغلانغان ھالدا ئاسماندىن چۈشۈپ، مېنىڭ يېنىمدا تو
ختىدى. [6] ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ قارىسام، ئىچىدە ھەرخىل تۆت پۇتلۇق
ھايۋانلار، ياۋايى ھايۋاناتلار، يەر بېغىرلىغۇچىلار، ئاسماندىكى
ئۇچار-قاناتلارمۇ بار ئىكەن. [7] ئاندىن: «ئورنۇڭدىن تۇر پېترۇس،
ئۇلاردىن سويۇپ يە!» دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. [8] مەن: «ياق
رەب، ھەرگىز بولمايدۇ! مەن ھېچقاچان ھەرقانداق ناپاك ياكى ھارام
نەرسىنى ئاغزىمغا ئالغان ئەمەسمەن!» دېدىم. [9] بىراق ماڭا يەنە:
«خۇدا ھالال دەپ پاكلىغان نەرسىنى سەن ھارام دېمە!» دېگەن ئاۋاز
ئاڭلاندى. [10] بۇ ئىش ئۈچ قېتىم شۇنداق تەكرارلىنىپ، ئاخىر بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئاسمانغا قايتىدىن تارتىپ كېتىلدى. [11] مانا دەل شۇ چاغدا،
قەيسەرىيەدىن مېنى چاقىرىشقا ئەۋەتىلگەن ئۈچ كىشى مەن تۇرغان
ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. [12] مۇقەددەس روھ مېنى ھېچ ئىككىلەنمەي
ئۇلار بىلەن بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى. مۇشۇ ئالتە قېرىنداشمۇ مەن
بىلەن بىللە باردى. قەيسەرىيەگە يېتىپ كېلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ
ئۆيىگە كىردۇق. [13] بۇ كىشى بىزگە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپ
تۇرغان بىر پەرىشتىنى قانداق كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. پەرىشتە
ئۇنىڭغا: «سەن يوپپاغا ئادەم ئەۋەتىپ، پېترۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان
سىمون ئىسىملىك بىر ئادەمنى چاقىرتىپ كەل، [14] ئۇ ساڭا سېنى ۋە
پۈتكۈل ئائىلەڭگە نىجاتلىق يەتكۈزىدىغان بىر خەۋەرنى ئېيتىپ

**5:11** روس. 9:10.

**8:11** لاۋ. 4:11؛ قان. 7:14.

**12:11 «ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇلار بىلەن بىللە بېرىش...»** — ياكى «(يەھۇدىي ياكى يەھۇدىي ئەمەسلەرنى) ھېچ ئايرىماي ئۇلار بىلەن بىللە بېرىش...». **«مۇشۇ ئالتە قېرىنداش»** — شۇبھىسىزكى يافا شەھىرىدىن كەلگەن ئالتە قېرىنداشنىڭ شۇ چاغدا پېترۇسنىڭ ھەمراھلىقىدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**12:11** روس. 19:10؛ 7:15.

بىرىدۇ» دېگەنىكەن.
[15] مەن گەپنى باشلىغىنىمدا، مۇقەددەس روھ خۇددى باشتا بىزنىڭ
ئۈستىمىزگە چۈشكىنىدەك، ئۇلارغىمۇ چۈشتى. [16] شۇ چاغدا، رەبنىڭ
سۆز-كالامىنى، يەنى: «يەھيا كىشىلەرنى سۇغا چۆمۈلدۈرگەن،
لېكىن سىلەر بولساڭلار مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرۈلىسىلەر»
دېگىنىنى ئېسىمگە ئالدىم. [17] شۇڭا، ئەگەر خۇدا ئەمدى مۇشۇلارغا
بىز رەب ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغىنىمىزدىن كېيىن بىزگە
بەرگەن ئىلتىپاتقا ئوخشاش ئىلتىپات ئاتا قىلغان بولسا، خۇدانى
توسالغۇدەك مەن زادى كىم ئىدىم؟
[18] ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ئەيىبلەشتىن توختاپ، خۇداغا
مەدھىيە ئوقۇپ:
بەرھەق، خۇدا ئەللەرگىمۇ هاياتلىققا ئېلىپ بارىدىغان تووۋا قىلىشنى
نېسىپ قىلىپتۇ! ــ دېيىشتى.

## ئانتاكيا شەھىرىدىكى ئېتىقادچىلار

[19] ئۇ چاغدا، ئىستىپاننىڭ ئىشى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ
ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتكەنلەر فەنىكىيە رايونى، سىپرۇس
ئارىلى ۋە ئانتاكيا شەھىرى قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ بېرىپ، بۇ

14:11 **«ئۇ ساڭا سېنى ۋە پۈتكۈل ئائىلەڭگە نىجاتلىق يەتكۈزىدىغان بىر خەۋەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگەنىكەن»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇ ساڭا سېنى ۋە پۈتكۈل ئائىلەڭگە قۇتقۇزۇش ۋاستە بولىغان بىرنەچچە سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ».
15:11 **«مۇقەددەس روھ خۇددى باشتا بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشكىنىدەك»** ــ روسۇل پېترۇسنىڭ «باشتا» دېگەن سۆزىدىن ئېنىقكى، ئۇ ۋە باشقا ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن مۇقەددەس روھنىڭ ئۇلارغا كەلگەنلىكى تولۇق بىر يېڭى باشلىنىش بولغاندى.
**16:11** يەش. 3:44؛ يو. 2:28-29؛ مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 5:1؛ 4:2؛ 4:19.
**17:11** روس. 9:15.

جايلاردا سۆز-كالامنى پەقەت يەھۇدىيلارغىلا يەتكۈزەتتى. [20]لېكىن ئۇلاردىن سىپرۇس ئارىلى ۋە كۇرىنى شەھىرىدىن كەلگەن بەزىلەر ئانتاكيا شەھىرىگە بارغاندا، رەب ئەيسانىڭ خۇش خەۋىرىنى گرېكلەرگىمۇ يەتكۈزدى. [21]رەبنىڭ قولى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىقاد قىلىپ رەبكە باغلاندى.

[22]بۇ خەۋەر يېرۇسالېمدىكى جامائەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارناباسنى ئانتاكياغىچە ئارىلاپ ئۆتۈشكە ئەۋەتتى. [23]بارناباس يېتىپ بېرىپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى كۆرۈپ، خۇشال بولدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جان-دىلىدىن قەتئىيلىك بىلەن رەبگە چىڭ باغلىنىشقا رىغبەتلەندۈردى. [24]چۈنكى ئۇ مۇقەددەس روھقا ۋە ئىمان-ئىشەنچكە تولدۇرۇلغان بولۇپ، ياخشى بىر ئادەم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن زور بىر توپ ئادەملەر رەبكە قوشۇلدى.

---

19:11 **«زىيانكەشلىككە ئۇچراپ...»** ــ گرېك تىلىدا «ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچراپ...». **«سىپرۇس ئارىلى ۋە ئانتاكيا شەھىرى قاتارلىق جايلار...»** ــ بۇ ئانتاكيا «سۇرىيەدىكى ئانتاكيا» ئىدى.

**19:11** روس. 1:8، 4.

20:11 **«..رەب ئەيسانىڭ خۇش خەۋىرىنى گرېكلەرگىمۇ يەتكۈزدى»** ــ «گرېكلەر» «يەھۇدىي ئەمەسلەر» ئىدى، ئەلۋەتتە.

21:11 **«...توۋا قىلىپ رەبكە باغلاندى»** ــ گرېك تىلىدا «...(«ئۆز يولىدىن») بۇرۇلۇپ رەبكە باغلاندى».

**21:11** روس. 2:47؛ 5:14.

22:11 **«... شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارناباسنى ئانتاكياغىچە ئارىلاپ ئۆتۈشكە ئەۋەتتى»** ــ مەقستى بەلكىم، ئەھۋالنى بىلىپ بېقىپ، ھەقىقىي ئېتىقادچىلار بولسا ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئىدى.

23:11 **«بارناباس ... خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى كۆردى...»** ــ بۇ دېگەنلىكنىڭ بەلكىم كۆپ جەھەتلىرى باردۇر: ــ (1) ئادەملەر ھەقىقەتەن توۋا قىلىپ رەبكە باغلانسا بۇ شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنىڭ زور نەتىجىسىدۇر؛ (2) خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئېتىقادچىلاردا ھەرخىل مېۋە ــ مۇھەببەت، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ؛ (3) جامائەتنىڭ ئۆسۈشى ۋە كۆپىيىشى پەقەت خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەنلا بولىدۇ.

**23:11** روس. 13:43؛ 14:22.

**24:11** روس. 4:36؛ 6:5.

[25] شۇنىڭ بىلەن بارناباس تارسۇس شەھىرىگە سائۇلنى ئىزدەپ باردى. [26] ئۇنى تېپىپ ئانتاكىياغا ئېلىپ كەلدى؛ شۇنداق بولدىكى، ئىككىيلەن جامائەت بىلەن بىللە ساق بىر يىل يىغىلىپ، نۇرغۇن ئادەمگە تەلىم بەردى. مۇخلىسلارنىڭ «خرىستىئانلار» دەپ تۇنجى ئاتىلىشى ئانتاكىيادىن باشلاندى.

[27] ئۇ كۈنلەردە بەزى پەيغەمبەرلەر يېرۇسالېمدىن ئانتاكىياغا چۈشۈپ كەلدى. [28] بۇلاردىن ئاگابۇس ئىسىملىك بىرەيلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، روھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن يەر يۈزىدە ئېغىر بىر ئاچارچىلىقنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى باسىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتتى (بۇ ئاچارچىلىق دەرۋەقە «كلاۋدىيۇس قەيسەر» ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتا يۈز بەردى). [29] بۇنىڭ بىلەن ئانتاكىيادىكى مۇخلىسلارنىڭ ھەربىرى ئۆز قۇربىغا قاراپ پۇل يىغىپ، يەھۇدىيەدە تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلارغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

[30] ئۇلار بۇ قارارنى ئادا قىلىپ، ئىئانىنى بارناباس ۋە سائۇلنىڭ قولى ئارقىلىق يەھۇدىيەدىكى جامائەت ئاقساقاللىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى.

---

**25:11** روس. 27:9.

**26:11 «مۇخلىسلارنىڭ «خرىستىئانلار» دەپ تۇنجى ئاتىلىشى ئانتاكىيادىن باشلاندى»** ــ «خرىستىئانلار» دېگەن سۆز بەلكىم ئاۋۋال «خرىستوس» («ئەخمەق» دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزدىن كەلگەن مەسخىرە خاراكتېرىدىكى سۆز بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن ئاخىر بېرىپ ئاساسىي مەنىسى ياخشى چىقتى، يەنى «خرىستوسنىڭ (مەسىھنىڭ) ئادەملىرى». («مەسىھ» بولسا ئىبرانىي تىلدا «ماشىياھ» ــ گرېك تىلدا «خرىستوس»).

**28:11 «ئاگابۇس... روھنىڭ ۋەھيىي بىلەن ئالدىن ئېيتتى»** ــ «روھ» مۇشۇ يەردە مۇقەددەس روھ، ئەلۋەتتە.

**28:11** روس. 10:21.

**29:11 «بۇنىڭ بىلەن ئانتاكىيادىكى مۇخلىسلارنىڭ ھەربىرى ئۆز قۇربىغا قاراپ پۇل يىغىپ، يەھۇدىيەدە تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلارغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى»** ــ نېمىشقا ئۇلار يەھۇدىيەدىكى قېرىنداشلارغا ئالاھىدە ياردەم ئەۋەتمەكچى؟ (1) يەھۇدىي قېرىنداشلار ئاۋۋال خۇدانىڭ خىزمىتىنى ئالغا سۈرتۈش ئۈچۈن كۆپ يەرلەرنى سېتىۋەتكەنىدى («روس.» 2-باب)؛ (2) يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيە ئۆلكىسىدە بولغان زىيانكەشلىك بەك ئېغىر بولغاچقا، ئېتىقادچىلارنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى بەلكىم ئاز ئەمەس ئىدى.

**30:11** روس. 25:12.

## تېخىمۇ كۆپ زىيانكەشلىكلەر

12 [1] شۇ چاغلاردا، ھېرود پادىشاھ جامائەتتىكىلەردىن بەزىلىرىگە
زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇپ ئۇلارغا قول سالدى. [2] ئۇ
يۇھاننانىڭ ئاكىسى ياقۇپنى قىلىچلاپ ئۆلتۈردى. [3] ئۆزىنىڭ بۇ
قىلغان ئىشىنىڭ يەھۇدىيلارغا ياققانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ پېترۇسنىمۇ
تۇتقۇن قىلدۇرۇدى (شۇ چاغدا «پېتىر نان ھېيتى» مەزگىلى ئىدى).
[4] پېترۇسنى تۇتقاندىن كېيىن، ئۇنى زىندانغا تاشلاپ، تۆت لەشكەر بىر
گۇرۇپپا قىلىنغان تۆت قاراۋۇل تويىغا تاپشۇردى. پاسخا ھېيتتىن
كېيىن، ھېرود ئۇنى خالايىق ئالدىدا سوراق قىلماقچى ئىدى. [5] شۇڭا
پېترۇس زىنداندا تۇتۇپ قېلىندى. لېكىن جامائەت خۇداغا جان-دىل
بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىشىۋاتاتتى.

## پېترۇسنىڭ زىنداندىن قۇتقۇزۇلۇشى

[6] ئەمدى ھېرود ئۇنى ئېلىپ چىقىپ سوت قىلىشنىڭ ئالدىنقى
كېچىسى، پېترۇس ئىككى زەنجىر بىلەن باغلاقلىق پېتى، ئىككى
قاراۋۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاۋاتاتتى؛ ئىشىكنىڭ سىرتىدىمۇ
بىرنەچچە قاراۋۇل زىنداننى كۆزەت قىلىۋاتاتتى. [7] ۋە تۇيۇقسىز
رەبنىڭ بىر پەرىشتىسى كۆرۈنۈپ، بىر نۇر كامېرنى يورۇتتى. پەرىشتە
پېترۇسنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ:
تېز تۇر! ـ دەپ ئويغاتتى. ئۇنىڭ قوللىرىدىكى زەنجىر شۇ ھامان
بوشاپ چۈشۈپ كەتتى. [8] پەرىشتە ئۇنىڭغا:
بېلىڭنى باغلىۋال! كەشىڭنىمۇ كىي! ـ دېدى. پېترۇس ئۇنىڭ

---

**1:12 «ھېرود پادىشاھ»** ــ بۇ ھېرود «ھېرود ئاگرىپپا (I)» ئىدى. ھېرودلار توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**2:12** مات. 21:4.

**4:12 «پاسخا ھېيت»** ــ يەنى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى».

**4:12** يـۇھ. 18:21.

**7:12** روس. 19:5؛ 26:16.

**دېگىنىنى قىلدى. ئاندىن ئۇ:**

**چاپىنىڭنى يېپىنچاقلاپ كەينىمدىن ماڭ! ــ دېدى.**

**[9] پېترۇس ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كامېردىن چىقتى. بىراق ئۇ پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىنى بىلمەي، بەلكى بىر غايىبانە كۆرۈنۈش كۆرۈۋېتىمەن، دەپ ئويلاۋاتاتتى. [10] ئۇلار بىرىنچى ۋە ئىككىنچى كۆزەتتىن ئۆتۈپ، زىنداننىڭ شەھەرگە چىقىدىغان تۆمۈر دەرۋازىسىغا بارغاندا، دەرۋازا ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلار چىقىپ، بىر كوچىدىن ئۆتكەندە، پەرىشتە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى.**

**[11] شۇ چاغدا، پېترۇس ئېسىگە كېلىپ، ئۆز-ئۆزىگە: «دەرۋەقە ئەمدى رەب ئۆز پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ، مېنى ھېرودنىڭ قولىدىن ۋە يەھۇدىي خەلقىنىڭ كۈتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن قۇتقۇزۇۋېتىپتۇ، دەپ بىلدىم» ــ دېدى.**

**[12] ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ يەتكەندە، ئۇ ماركۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان يۇھاننانىڭ ئانىسى مەريەمنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. [13] ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، رودا ئىسىملىك بىر دېدەك ئاۋازنى ئاڭلاپ چىقتى. [14] ئۇ پېترۇسنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ، خۇشاللىقىدىن ئىشىكنى ئېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھەممەيلەنگە:**

**پېترۇس دەرۋازا ئالدىدا تۇرىدۇ! ــ دەپ خەۋەر قىلدى.**

**[15] لېكىن ئۇلار: ــ ساراڭ بولۇپ قالدىڭغۇ! ــ دېيىشتى. بىراق ئۇ: ــ راست شۇنداق، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار:**

**ئۇ ئۇنىڭ پەرىشتىسى بولسا كېرەك! ــ دېيىشتى.**

**[16] بىراق پېترۇس دەرۋازىنى قېقىۋەردى. ئۇلار چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندە ھەممەيلەن ھاڭ-تاڭ بولۇشتى. [17] پېترۇس ئۇلارغا ئۈن چىقارماسلىققا قول ئىشارىتى قىلىپ، ئۇلارغا رەبنىڭ**

---

15:12 **«ئۇ ئۇنىڭ پەرىشتىسى بولسا كېرەك»** ــ ئۇلار «ئۆلگەن پېترۇسنىڭ روھى» ياكى «پېترۇسنى ئالاھىدە قوغدايدىغان بىر پەرىشتە» دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۆزىنى زىنداندىن قانداق ئېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن كېيىن، ئۇ:
بۇ خەۋەرنى ياقۇپقا ۋە قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ــ دەپ، ئۆزى ئۇ يەردىن باشقا يەرگە كەتتى.
[18] تاڭ ئاتقاندا، قاراۋۇللار پېترۇس زادى نېمە بولدى دەپ سارىسىمىگە چۈشتى. [19] ھىرود ئۇنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى تاپالمىغاچقا، قاراۋۇللارنى سوراق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇ يەھۇدىيەدىن چۈشۈپ قەيسەرىيە شەھىرىگە بېرىپ شۇ يەردە تۇردى.

## ھىرود ئاگرىپپا خاننىڭ ئۆلۈمى

[20] ئەسلىدە ھىرود خان بىلەن تۇر ۋە زىدونلىقلار ئارىسىدا قاتتىق جېدەل بار ئىدى. ھالبۇكى، تۇر ۋە زىدونلىقلار بىرلىشىپ، ھىرودنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلار ئالدى بىلەن خاننىڭ بىلاستۇس ئىسىملىك شەخسىي غوجىدارىنى ئۆزلىرىگە يار-يۆلەك بولۇشقا قايىل قىلغانىدى. چۈنكى بۇ يۇرتتىكىلەر ئاشلىقنى خاننىڭ ئىلكىدىكى جايلاردىن ئالاتتى.
[21] بەلگىلەنگەن كۆرۈشۈش كۈنىدە ھىرود شاھانە تونلىرىنى كىيىپ، سوراق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا نۇتۇق سۆزلىدى. [22] ئاڭلىغان خەلق:
بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئەمەس، بەلكى بىر ئىلاھنىڭ ئاۋازىدۇر! ــ دەپ ۋارقىراشتى.
[23] شۇئان پەرۋەردىگارنىڭ بىر پەرىشتىسى خاننى ئۇردى؛ چۈنكى ئۇ

---

12:17 «بۇ خەۋەرنى ياقۇپقا ۋە قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار» ــ «ياقۇپ» مۇشۇ يەردە رەب ئەيسانىڭ ئىنىسى بولغان ياقۇپنى كۆرسىتىدۇ.
12:17 روس. 13:16؛ 19:33؛ 21:40.
12:21 «ھىرود...ئۇلارغا نۇتۇق سۆزلىدى» ــ ياكى «ھىرود... ئۇلارنى ئەيىبلەپ نۇتۇق سۆزلىدى». گرېك تىلىدا «نۇتۇق سۆزلەش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ بەزىدە «ئەيىبلەش» دېگەن پۇرىقى بار.

شان-شەرەپنى خۇداغا بېغىشلىمىدى.
نەتىجىدە، ئۇ قۇرتقا يەم بولۇپ ئۆلدى. [24] ئەمما خۇدانىڭ سۆز-كالامى داۋاملىق بەرق ئۇرۇپ كېڭىيىدى. [25] بارناباس بىلەن سائۇل يېرۇسالېمدا ئىئانىلەرنى تاپشۇرۇش خىزمىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئانتاكىياغا قايتىپ كەتتى. ئۇلار ماركۇس دەپمۇ ئاتىلىدىغان يۇھاننانى بىللە ئېلىپ باردى.

## مۇقەددەس روھنىڭ بارناباس بىلەن سائۇلنى ئەۋەتىشى

13 [1] ئانتاكىيادىكى جامائەت ئىچىدە بەزى پەيغەمبەرلەر ۋە تەلىم بەرگۈچىلەر بار ئىدى. ئۇلار بارناباس، «قارا» دەپمۇ ئاتىلىدىغان شىمېئون، كۇرىنىلىك لۇكىئۇس، ھېرود خان بىلەن بىللە چوڭ بولغان مانائەن ۋە سائۇللار ئىدى. [2] ئۇلار رەبنىڭ ئىبادىتىدە بولۇپ روزا تۇتۇۋاتقان بىر مەزگىلدە، مۇقەددەس روھ ئۇلارغا:
بارناباس بىلەن سائۇلنى مەن ئۇلارنى قىلىشقا چاقىرغان خىزمەت ئۈچۈن ماڭا ئايرىپ قويۇڭلار، ــ دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار يەنە روزا تۇتۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئىككىيلەننىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى تەگكۈزۈپ ئۇزىتىپ قويدى.

---

24:12 **«ئەمما خۇدانىڭ سۆز-كالامى داۋاملىق بەرق ئۇرۇپ كېڭىيىدى»** ــ دېمەك، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۆپىيىمەكتە ئىدى.

**24:12** يەش. 11:55؛ روس. 7:6.

1:13 **««قارا» دەپمۇ ئاتىلىدىغان شىمېئون»** ــ گرېك تىلىدا ««نىگىر» دەپمۇ ئاتىلىدىغان شىمېئون». «نىگەر» دېگەن مەنىسى «قارا». **«ھېرود خان»** ــ مۇشۇ ئايەتتە «خان» گرېك تىلىدا «تېترارق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «تېترارق» دېگەننىڭ تولۇق مەنىسى «(زېمىننىڭ) تۆتتىن بىر قىسمى ئۈستىدىكى ھاكىم». «تېترارق» دېگەن مەرتىۋە «ۋالىي»دىن تۆۋەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ھېرودلار پۈتتىي پىلاتۇسقا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى.

**1:13** روس. 26:14.

**2:13** مات. 38:9؛ روس. 15:9؛ 21:22؛ رىم. 1:1؛ 15:10؛ گال. 15:1؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 11:1؛ ئىبر. 4:5.

**3:13** روس. 6:6؛ 15:8؛ 6:19.

## بارناباس بىلەن سائۇل سىپرۇستا

[4] ئۇلار مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، سەلىۋكىيە
شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن كېمىگە چىقىپ سىپرۇس ئارىلىغا
قاراپ يولغا چىقتى. [5] سالامىس شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇلار
يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگلىرىدا خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى يەتكۈزۈشكە
باشلىدى. يۇھاننا ئۇلارنىڭ ياردەمچىسى ئىدى. [6] ئۇلار پۈتۈن ئارالنى
ئارىلاپ چىقىپ، پافوس شەھىرىگە كەلدى. ئۇلار ئۇ يەردە بارىيەشۇئا
ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ سېھىرگەر بولۇپ،
ساختا پەيغەمبەر بولغان بىر يەھۇدىي ئىدى. [7] ئۇ كىشى بۇ ئارالنىڭ
رىملىق ۋالىيسى سېرگىيۇس پاۋلۇسنىڭ ھەمراھى ئىدى. ۋالىي
ئۇقۇمۇشلۇق بىر كىشى بولۇپ، بارناباس بىلەن سائۇلنى چاقىرتىپ،
خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلىماقچى بولدى. [8] لېكىن ھېلىقى
سېھىرگەر (ئۇنىڭ گرېكچە ئىسمى ئەلىماس بولۇپ، «سېھىرگەر»
دېگەن مەنىدە) ئۇلارغا قارشى چىقىپ، ۋالىينىڭ رايىنى ئېتىقادتىن
قايتۇرۇشنى ئۇرۇنماقتا ئىدى. [9] بىراق مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلغان
سائۇل (يەنە «پاۋلۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھېلىقى سېھىرگەرگە
تىكىلىپ قاراپ [10] ئۇنىڭغا:
ئەي، قەلبىڭ ھەرخىل ھىيلىگەرلىك ۋە ئالدامچىلىق بىلەن
تولغان ئىبلىسنىڭ ئوغلى، ھەممە ھەققانىيلىقنىڭ دۈشمىنى!
پەرۋەردىگارنىڭ تۈز يوللىرىنى بۇرمىلاشنى زادى توختاتمامسەن؟!
[11] ئەمدى رەببىنىڭ قولى ئۈستۈڭگە چۈشتى! كۆزلىرىڭ كور بولۇپ، بىر
مەزگىل كۈننىڭ يورۇقىنى كۆرەلمەيسەن! ــ دېدى.

---

5:13 **«يۇھاننا ئۇلارنىڭ ياردەمچىسى ئىدى»** ــ يەنى ماركۇس دەپمۇ ئاتالغان يۇھاننا.

**5:13** روس. 25:12.

**6:13** روس. 9:8؛ 13:19.

9:13 **«سائۇل يەنە «پاۋلۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ...»** ــ «پاۋلۇس» لاتىنچە ئىسىم بولۇپ، مەنىسى بەلكىم «كىچىك». سائۇل مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا چاقىرىلغاچقا، بۇ مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئۆزى ئۈچۈن بۇ لاتىنچە ئىسىم ئىشلىتىشكە باشلايدۇ.

شۇئان، بىر خىل تۇمان ۋە قاراڭغۇلۇق ئۇنى باستى. ئۇ يولنى
سىلاشتۇرۇپ، كىشىلەردىن مېنى قولۇمدىن يېتىلەڭلار، دەپ ئىلتىجا
قىلاتتى. 12 يۈز بەرگەن ئىشنى كۆرگەن ۋالىي رەبنىڭ تەلىمىگە قاتتىق
ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى.

## پاۋلۇسنىڭ بىر سىناگوگتا رەبنىڭ تەلىمىنى بېرىشى

13 پاۋلۇس بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كېمىگە چىقىپ، پافوستىن
پامفىلىيە ئۆلكىسىدىكى پەرگە شەھىرىگە باردى. ئۇ يەردە يۇھاننا
ئۇلاردىن ئايرىلىپ يېرۇسالېمغا قايتتى. 14 پاۋلۇسلار بولسا پەرگە
شەھىرىدىن چىقىپ، داۋاملىق مېڭىپ پىسىدىيە رايونىدىكى
ئانتاكيا شەھىرىگە بېرىپ، شابات كۈنى سىناگوگقا كىردى. 15 تەۋرات
قىسىملىرىدىن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدىن ئوقۇلغاندىن
كېيىن، سىناگوگنىڭ چوڭلىرى ئۇلارنى چاقىرتىپ:
قېرىنداشلار، ئەگەر خالايىققا بىرەر نەسىھەت سۆزۈڭلار بولسا،
ئېيتىڭلار، ــ دېدى.
16 پاۋلۇس ئورنىدىن تۇرۇپ، قول ئىشىرىتى قىلىپ، خالايىققا مۇنداق
دېدى:
ئەي ئىسرائىللار ۋە خۇدادىن قورققانلار، قۇلاق سېلىڭلار! 17 بۇ
ئىسرائىل خەلقىنىڭ خۇداسى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى تاللىدى؛ ئۇلار
مىسىردا مۇساپىر بولۇپ ياشىغان ۋاقىتلاردا ئۇلارنى ئۇلۇغ قىلدى،
ئۆزىنىڭ ئېگىز كۆتۈرگەن بىلىكى بىلەن ئۇلارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ

---

13:13 **«ئۇ يەردە يۇھاننا ئۇلاردىن ئايرىلىپ يېرۇسالېمغا قايتتى»** ــ مۇشۇ «يۇھاننا» بولسا يۇھاننا ماركۇس ئىدى.

**13:13** روس. 38:15.

16:13 **«ئەي ئىسرائىللار ۋە خۇدادىن قورققانلار... »** ــ «خۇدادىن قورققانلار» دېگەن تۇراقلىق ئىبارە تەۋرات ئېتىقادىدا بولغان «يات ئەللىكلەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر)نى كۆرسىتىدۇ. خەتنە قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا سىناگوگقا قاتنىششقا رۇخسەت بېرىلگەن.

**16:13** روس. 17:12؛ 33:19؛ 40:21.

چىقتى. [18]ئۇ چۆلدە ئۇلارغا تەخمىنەن قىرىق يىل غەمخورلۇق قىلدى
[19]ئاندىن قانائان زېمىنىدىكى يەتتە ئەلنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ
زېمىنلىرىنى ئۇلارغا مىراس قىلىپ بەردى. [20]بۇ ئىشلارغا ئالدى-
كەينى بولۇپ تەخمىنەن تۆت يۈز ئەللىك يىل كەتتى. كېيىن، تاكى
سامۇئىل پەيغەمبەر ئوتتۇرىغا چىققىچە، ئۇ ئۇلارغا باتۇر ھاكىملارنى
تىكلەپ بەردى. [21]ئاندىن ئۇلار بىزگە بىر پادىشاھنى بەرسىكەن،
دەپ سامۇئىل پەيغەمبەردىن تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئۇلارغا
بىنيامىن قەبىلىسىدىن كىش ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئوغلى سائۇلنى
تىكلەپ بەردى. ئۇ قىرىق يىل ھۆكۈم سۈردى. [22]بىراق خۇدا سائۇلنى
سەلتەنىتىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا داۋۇتنى پادىشاھ قىلىپ تۇرغۇزۇپ
بەردى. خۇدا ئۇنىڭ ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىپ: «كۆڭلۈمدىكىدەك
بىر ئادەمنى، يەنى يەسسەنىڭ ئوغلى داۋۇتنى تاپتىم. ئۇ مېنىڭ
تولۇق ئىرادەمگە ئەمەل قىلىدۇ»، ــ دېدى. [23]ئۆزى ۋەدە قىلغاندەك
خۇدا بۇ ئادەمنىڭ نەسلىدىن ئىسرائىل خەلقىگە بىر قۇتقۇزغۇچى
تىكلەپ بەردى ــ ئۇ بولسا ئەيسانىڭ ئۆزىدۇر!
[24]ئۇ خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىشتىن ئالدىدا، يەھيا پەيغەمبەر
چىقىپ، بارلىق ئىسرائىل خەلقىنى توۋا قىلىشنى بىلدۈرىدىغان
چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرغان. [25]يەھيا پەيغەمبەر
ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندا، خالايىققا مۇنداق دېگەنىدى: «سىلەر مېنى
كىم دەپ بىلىسىلەر؟ مەن سىلەر كۈتكەن زات ئەمەسمەن. بىراق مانا،
مەندىن كېيىن بىرسى كېلىدۇ، مەن ھەتتا ئۇنىڭ ئاياغ كەشلىرىنى

**17:13** مىس. 1:1.
**18:13** مىس. 35:16؛ چۆل. 34:14؛ زەب. 10:95.
**19:13** يە. 2:14.
**20:13** ھاك. 16:2؛ 9:3.
**21:13** 1سام. 5:8؛ 15:9؛ 15:10؛ ھوش. 11:13.
**22:13** 1سام. 14:13؛ 12:16؛ زەب. 89:19-29؛ روس. 45:7.
**24:13** مات. 1:3؛ مار. 2:1؛ لۇقا 2:3؛ يـۇھ. 23:3.

يېشىشكىمۇ لايىق ئەمەسمەن!» [26] ئەي قېرىنداشلار، ئىبراھىمنىڭ
جەمەتىنىڭ نەسىللىرى ۋە ئاراڭلاردىكى خۇدادىن قورققانلار، بۇ
نىجاتلىقنىڭ سۆز-كالامى سىلەرگە ئەۋەتىلدى! [27] يېرۇسالېمدا
تۇرۇۋاتقانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىملىرى ئەيسانى تونۇماي، ئۇنىڭ
ئۈستىدىن گۇناھكار دەپ ھۆكۈم چىقارغىنى بىلەن، ھەر شابات كۈنى
ئوقۇلىدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەمەلگە
ئاشۇردى. [28] گەرچە ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشقا
تېگىشلىك بىرەر گۇناھ تاپالمىغان بولسىمۇ، ۋالىي پىلاتۇستىن
يەنىلا ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشنى ئۆتۈندى. [29] ئۇلار بۇ ئىشلارنى
قىلىپ مۇقەددەس يازمىلاردا ئۇنىڭ ھەققىدە ئالدىن پۈتۈلگەنلەرنىڭ
ھەممىسىنى ئۆزلىرى بىلمىگەن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭ جەسىتىنى كرېستتىن چۈشۈرۈپ، بىر قەبرىگە قويدى. [30] لېكىن
خۇدا ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈردى! [31] تىرىلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇرۇن
ئۆزى بىلەن گالىلىيەدىن يېرۇسالېمغىچە ئەگىشىپ كەلگەنلەرگە
كۆپ كۈنلەر ئىچىدە نەچچە قېتىم كۆرۈنۈپ تۇردى. بۇ كىشىلەر ھازىر
ئىسرائىل خەلقىگە ئۇنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولۇۋاتىدۇ.
[32-33] بىزمۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا قىلىنغان ۋەدىنىڭ خۇش خەۋىرىنى
سىلەرگە ھازىر جاكارلايمىز ــ خۇدا ئەيسانى ئارىمىزدا تىكلەپ، بۇ

25:13 **«مەن سىلەر كۈتكەن زات ئەمەسمەن»** ــ گرېك تىلىدا: «مەن «ئۇ» ئەمەسمەن» ياكى «مەن «شۇ زات» ئەمەسمەن».

**25:13** مات. 11:3؛ يۇھ. 20:1.

26:13 **«...ئىبراھىمنىڭ جەمەتىنىڭ نەسىللىرى ۋە ئاراڭلاردىكى خۇدادىن قورققانلار...»** ــ «خۇدادىن قورققانلار» ــ 16-ئايەت ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**26:13** مات. 6:10؛ روس. 26:3؛ 46:13.

27:13 **«يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىملىرى ئەيسانى تونۇماي...»** ــ گرېك تىلىدا: «يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىملىرى ئۇنى تونۇماي...».

**27:13** يۇھ. 3:16؛ روس. 17:3؛ 1كور. 8:2؛ 1تىم. 13:1.

**28:13** مات. 20:27؛ مار. 11:15؛ لۇقا 18:23؛ يۇھ. 6:19.

**30:13** مات. 6:28؛ مار. 6:16؛ لۇقا 6:24.

**31:13** مار. 14:16؛ يۇھ. 19:20؛ 1:21؛ روس. 3:1؛ 1كور. 5:15.

ۋەدىنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىزلەرگە ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ
ھەقتە زەبۇرنىڭ ئىككىنچى كۈيىدە ئالدىنئالا مۇنداق پۈتۈلگەن:
«سەن مېنىڭ ئوغلۇم، ئۆزۈم سېنى بۈگۈنكى كۈندە تۇغدۇردۇم».
[34] ئەمدىلىكتە خۇدانىڭ ئەيساغا چىرىشنى قايتا كۆرگۈزمەي
ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇ مۇقەددەس يازمىلارد
مۇنداق ئالدىن ئېيتقان: «داۋۇتقا ۋەدە قىلغان مېھىر-شەپقەتلەرنى
سىلەرگە ئاتا قىلىمەن!» [35] شۇڭا يەنە بۇ ھەقتە يەنە بىر ئايەتتە:
– «ئى خۇدا، سېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچۇڭغا تېنىنىڭ چىرىشىنى
كۆرگۈزمەيسەن».
[36] چۈنكى داۋۇت دەرۋەقە خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆز دەۋرى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىپ، ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىغا قوشۇلۇپ ئۆلۈمدە ئۇخلاپ ئۇنىڭ
تېنى چىرىپ كەتكەندى. [37] لېكىن خۇدا ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى

---

33-32:13 **«سەن مېنىڭ ئوغلۇم، ئۆزۈم سېنى بۈگۈنكى كۈندە تۇغدۇردۇم»** – «زەب.» 7:2. بەزى ئالىملار، بۇ بېشارەتتىكى «تىكلەش» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ «تىرىلدۈرۈپ» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تىرىلىشىنى كۆرسىتىدىغان بېشارەتلەرنى نەقىل كەلتۈرىدىغان ئايەتلەر 34-35-ئايەتلەردۇر. شۇڭا زەبۇردىكى بۇ بېشارەت («زەب.» 7:2) ئۇنىڭ پاك قىز مەريەمدىن تۇغۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.

**33-32:13** يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 7:14؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 24:9، 25؛ زەب. 7:2.

34:13 **«داۋۇتقا ۋەدە قىلغان مېھىر-شەپقەتلەرنى سىلەرگە ئاتا قىلىمەن!»** – «يەش.» 2:55.

**34:13** يەش. 3:55.

35:13 **«ئى خۇدا، سېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچۇڭغا تېنىنىڭ چىرىشىنى كۆرگۈزمەيسەن»** – «زەب.» 10:16. «سېنىڭ مۇقەددەس بولغۇچۇڭ» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

**35:13** زەب. 10:16؛ روس. 27:2.

36:13 **«داۋۇت دەرۋەقە خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆز دەۋرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ،...»** – ياكى «داۋۇت دەرۋەقە ئۆز دەۋرىدە خۇدانىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ،...». **«ئۇنىڭ تېنى چىرىپ كەتكەندى»** – گرېك تىلىدا «چىرىشلەرنى كۆردى». 35-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**36:13** 1پاد. 10:2؛ روس. 29:2.

**بولسا چىرىشنى ھېچ كۆرمىدى.**
**38 ئەمدى شۇڭا سىلەر شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئى قېرىنداشلار،**
**ھازىر گۇناھلاردىن كەچۈرۈم قىلىنىش يولى دەل شۇ كىشى ئارقىلىق**
**سىلەرگە جاكارلىنىۋاتىدۇ. 39 مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات**
**قانۇنى بىلەن سىلەر خالاس بولالمايۋاتقان ئىشلاردىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد**
**قىلغۇچىلار ئۇ ئارقىلىق خالاس قىلىنىپ ھەققانىي قىلىنىدۇ!**
**40 شۇڭا، پەيغەمبەرلەر ئالدىن ئېيتقان شۇ بالايىئاپەت بېشىڭلارغا**
**چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىڭلار! ــ**
**41 «قاراڭلار، ئى مازاق قىلغۇچىلار، ھەيرانۇھەس بولۇپ ھالاك بولۇڭلار!**
**چۈنكى سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلاردا بىر ئىش قىلىمەنكى،**
**ئۇنى بىرسى سىلەرگە ئېلان قىلسىمۇ سىلەر شۇ ئىشقا ھەرگىز**
**ئىشەنمەيسىلەر!»**

**42 پاۋلۇس بىلەن بارناباس سىناگوگدىن چىقىۋاتقاندا، جامائەت ئۇلارغا**
**كېلەركى شابات كۈنى بۇ ئىشلار ھەققىدە يەنە سۆزلەشنى يېلىندى.**
**43 سىناگوگتىكى جامائەت تارقالغاندا، نۇرغۇن يەھۇدىيلار ۋە خۇدادىن**

---

37:13 **«لېكىن خۇدا ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى بولسا چىرىشنى ھېچ كۆرمىدى»** ــ «خۇدا ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى» ئەيسانى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

38:13 **«ھازىر گۇناھلاردىن كەچۈرۈم قىلىنىش يولى دەل شۇ كىشى ئارقىلىق سىلەرگە جاكارلىنىۋاتىدۇ»** ــ «دەل شۇ كىشى ئارقىلىق» ئەيسا ئارقىلىق، دېمەك.

**38:13** لۇقا 47:24؛ 1يۇھ. 12:2

39:13 **«تەۋرات قانۇنى بىلەن سىلەر خالاس بولالمايۋاتقان ئىشلار»** ــ «خالاس بولالمايدىغان ئىشلار» ھەرتۈرلۈك ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ؛ گۇناھنىڭ ئىلكىدىن خالاس بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى تەۋرات قانۇنىدا بېكىتىلگەن تۈرلۈك قۇربانلىق قىلىش ۋە رەسىم-قائىدىلەردىن خالاس بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**39:13** رىم. 28:3؛ 3:8؛ 4:10؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 19:7.

41:13 **«قاراڭلار، ئى مازاق قىلغۇچىلار، ھەيرانۇھەس بولۇپ ھالاك بولۇڭلار! چۈنكى سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلاردا بىر ئىش قىلىمەنكى، ئۇنى بىرسى سىلەرگە ئېلان قىلسىمۇ سىلەر شۇ ئىشقا ھەرگىز ئىشەنمەيسىلەر!»** ــ تەۋرات، «ھاب.» 5:1.

**41:13** يەش. 14:28؛ ھاب. 5:1.

**قورققان تەۋراتقا ئېتىقاد قىلغان يەھۇدىي ئەمەسلەرمۇ پاۋلۇس بىلەن
بارناباسقا ئەگەشتى. ئىككىسى ئۇلارغا سۆز قىلىپ، ئۇلارنى خۇدانىڭ
مېھىر-شەپقىتىدە چىڭ تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى.**
**[44] كېيىنكى شابات كۈنى، پۈتۈن شەھەر خەلقى دېگۈدەك خۇدانىڭ سۆز-
كالامىنى ئاڭلىغىلى كېلىشتى. [45] بىراق بۇنداق توپ-توپ ئادەملەرنى
كۆرگەن يەھۇدىيلار ھەسەتكە چۆمۈپ، پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرىگە قارشى
تەتۈر گەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلدى. [46] ئەمدى پاۋلۇس بىلەن
بارناباس تېخىمۇ يۈرەكلىك ھالدا مۇنداق دېدى:**
**خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئالدى بىلەن سىلەر يەھۇدىي خەلقىگە
يەتكۈزۈش كېرەك ئىدى. لېكىن سىلەر ئۇنى چەتكە قېقىپ ئۆزۈڭلارنى
مەڭگۈلۈك ھاياتقا لايىق كۆرمىگەنلىكىڭلاردىن، مانا بىز سىلەردىن
بۇرۇلۇپ ئەللەرگە يۈزلىنىمىز! [47] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇقەددەس
يازمىلاردا بىزگە مۇنداق بۇيرۇغان: —**
**«مەن سېنى يات ئەللەرگە نۇر بولۇشقا،
يەر يۈزىنىڭ چەت-ياقىلىرىغىچە نىجاتلىق بولۇشۇڭ ئۈچۈن سېنى
ئاتىدىم».**

**[48] ئەللەردىكىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، خۇشال بولۇشۇپ رەبنىڭ
سۆز-كالامىنى ئۇلۇغلاشتى؛ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشكە**

---

**43:13** روس. 23:11؛ 22:14.

46:13 **«مانا بىز سىلەردىن بۇرۇلۇپ ئەللەرگە يۈزلىنىمىز!»** — «ئەللەرگە يۈزلىنىمىز» — يەنى «يەھۇدىي ئەمەسلەرگە يۈزلىنىمىز». دېمەك، خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئۇلارغا يەتكۈزىمىز.

**46:13** مىس. 10:32؛ يەش. 5:55؛ مات. 12:8؛ 6:10؛ 43:21؛ روس. 26:3؛ 26:13؛ رىم. 19:10.

47:13 **«مەن سېنى يات ئەللەرگە نۇر بولۇشقا، يەر يۈزىنىڭ چەت-ياقىلىرىغىچە نىجاتلىق بولۇشۇڭ ئۈچۈن سېنى ئاتىدىم»** — «يەش.» 6:42 ۋە 6:49نى كۆرۈڭ؛ مۇشۇ ئايەتلەردىكى «سېنى» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. بارناباس ۋە پاۋلۇس «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى»نىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يۈرگۈزمەكتە (1-باب، 1-ئايەت).

**47:13** يەش. 6:42؛ 6:49؛ لۇقا 32:2.

بىكىتىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىقاد قىلدى.
49 شۇنداق قىلىپ، رەبنىڭ سۆز-كالامى پۈتكۈل زېمىنغا تارقالدى.
50 بىراق يەھۇدىيلار خۇدادىن قورققان يۇقىرى تەبىقىلىك ئاياللارنى ھەم شەھەر مۆتىۋەرلىرىنى قۇترىتىپ، پاۋلۇس بىلەن بارناباسقا زىيانكەشلىك قىلغۇزۇپ، ئۇلار ئىككىسىنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. 51 ئەمما پاۋلۇس بىلەن بارناباس ئۇلارغا قاراپ ئاياغلىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ، كونيا شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. 52 ئانتاكيادىكى مۇخلىسلار بولسا خۇشاللىققا ھەمدە مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلدى.

## پاۋلۇس بىلەن بارناباس كونيا شەھىرىدە

14 1 كونيا شەھىرىدە شۇنداق بولدىكى، پاۋلۇس بىلەن بارناباس يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگىغا كىرگەندە، جامائەتكە شۇنداق سۆزلىدىكى، نەتىجىدە يەھۇدىيلار ۋە گرېكلەردىنمۇ نۇرغان كىشىلەر ئېتىقاد قىلدى 2 (ھالبۇكى، ئىشەنمىگەن يەھۇدىيلار يات ئەللىكلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى زەھەرلەپ، ئۇلارنى قېرىنداشلارغا

---

48:13 **«بېكىتىلگەنلەر»** ــ ياكى «بەل باغلىغانلار» «مايىل قىلىنغانلار».

50:13 **«بىراق يەھۇدىيلار خۇدادىن قورققان يۇقىرى تەبىقىلىك ئاياللارنى ھەم شەھەر مۆتىۋەرلىرىنى قۇترىتىپ...»** ــ «خۇدادىن قورققان ئاياللار» بولسا تەۋراتقا ئېتىقاد قىلغان يەھۇدىي بولمىغان، سىناگوگتىكى ئىبادەتكە قاتنىشىدىغان ئاياللار. گەرچە ئۇلار «خۇدادىن قورققان» بولسىمۇ، مۇشۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئازدۇرۇلغان.

**50:13** 2تىم. 11:3.

**51:13 «پاۋلۇس بىلەن بارناباس ئۇلارغا قاراپ ئاياغلىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ،...»** ــ «ئاياغلىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇۋېتىش» دېگەن ھەرىكەت «مۇناسىۋىتىمىز پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى» دېگەن ئاگاھنىڭ ئىپادىسى ئىدى. «مات.» 14:10، «مار.» 11:6، «لۇقا» 9:5نى كۆرۈڭ. **«كونيا شەھىرى»** ــ ھازىرقى نام. كونا گرېكچە ئىسمى «ئىكونىئۇم» ياكى «ئىكونىئون». ئۇ ھازىرقى تۈركىيەدە.

1:14 **«نەتىجىدە يەھۇدىيلار ۋە گرېكلەردىنمۇ نۇرغان كىشىلەر ئېتىقاد قىلدى»** ــ «گرېكلەر» بەلكىم شۇ يەردىكى ھەر مىللەتتىن بولغان «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتى). [3] شۇڭا پاۋلۇس بىلەن بارناباس ئۇ يەردە
خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ، رەبگە تايىنىپ يۈرەكلىك ھالدا خۇش خەۋەرنى
جاكارلىدى؛ رەب ئۇلارنىڭ قوللىرى بىلەن مۆجىزىلىك ئالامەتلەر
ۋە كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆز مېھىر-شەپقىتىنىڭ سۆز-كالامىغا
گۇۋاھلىق بەردى. [4] بۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ
كېتىپ، بەزىلىرى يەھۇدىيلار تەرەپتە، بەزىلىرى بولسا روسۇللار
تەرەپتە تۇردى. [5] ئاخىردا، بىر قىسىم يات ئەللىكلەر بىلەن يەھۇدىيلار
ئارىسىدا (ئۆز باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە) روسۇللارنى قىيناپ،
چالما-كېسەك قىلىش قۇتراتقۇلۇقى باش كۆتۈردى. [6-7] لېكىن ئۇلار
بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، شۇ يەردىن قېچىپ لىكائونىيا رايونىدىكى
لىسترا ۋە دەربە شەھەرلىرى ھەمدە ئەتراپتىكى يۇرتلارغا قاراپ
ماڭدى. ئۇلار شۇ يەرلەردە خۇش خەۋەرنى داۋاملىق جاكارلاۋەردى.

## لىسترا ۋە دەربە شەھەرلىرىدە

[8] شۇ چاغدا، لىسترا شەھىرىدە پۇتلىرىدا ماغدۇرى يوق، ھېچ مېڭىپ
باقمىغان بىر تۇغما پالەچ ئولتۇراتتى. [9] پاۋلۇس سۆز قىلىۋاتقاندا، بۇ
ئادەم ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. پاۋلۇس ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ
ئۇنىڭ ساقايتىلىشىغا ئىشەنچى بارلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، [10] يۇقىرى
ئاۋاز بىلەن:

ئورنۇڭدىن دەس تۇر! ــ دېدى.

ھېلىقى ئادەم شۇئان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مېڭىشقا باشلىدى.
[11] لېكىن پاۋلۇسنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەن توپ-توپ ئادەملەر لىكائونىيا
تىلى بىلەن:

---

**3:14** مار. 20:16؛ روس. 11:19؛ ئىبر. 4:2.

**4:14** **«شەھەر خەلقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ...»** ــ ياكى «شەھەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ...».

**7-6:14** مات. 23:10؛ روس. 1:8.

**8:14** روس. 2:3.

ئىلاھلار ئىنسان قىياپىتىگە كىرىپ ئارىمىزغا چۈشۈپتۇ! ــ دەپ
ۋارقىرىشىپ كەتتى. [12] ئۇلار بارناباسنى «ئىلاھ زېئۇس» دەپ ئاتاشتى
ۋە پاۋلۇسنى سۆزلەشتە باشلامچى بولغاچقا ئۇنى «ئىلاھ ھېرمىس»
دەپ ئاتاشتى. [13] شەھەرنىڭ سىرتىدا «زېئۇس ئىلاھ»نىڭ بۇتخانىسى
بار ئىدى. شۇ بۇتخانىدىكى كاھىن شەھەر دەرۋازىسىغا ئۆكۈز ۋە
گۈل چەمبىرەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، خەلق بىلەن بىللە روسۇللارغا
ئاتاپ قۇربانلىق قىلماقچى بولدى. [14] لېكىن روسۇللار بارناباس بىلەن
پاۋلۇس بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى يىرتقان ھالدا،
كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ۋارقىراپ مۇنداق دېدى:
[15] ــ خالايىق، بۇ ئىشلارنى نېمە دەپ قىلىۋاتىسىلەر؟! بىز سىلەرگە
ئوخشاش ھېسسىياتتىكى ئىنسانلارمىز! بىز سىلەرگە بۇ ئەرزىمەس
نەرسىلەرنى تاشلاپ، ئاسمان-زېمىن، دېڭىز-ئوكيان ۋە ئۇلاردىكى
بارلىق مەخلۇقلارنى ياراتقۇچى ھايات خۇداغىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار
كېرەك دەپ جاكارلاۋاتىمىز! [16] بۇرۇنقى دەۋرلەردە، ئۇ ھەرقايسى
ئەللەرنى ئۆز يوللىرىدا مېڭىشقا يول قويغان. [17] شۇنداق بولسىمۇ،
ئۇ ئۆزىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھلىقنى قالدۇرمىغان ئەمەس. چۈنكى
ئۇ ھەمىشە سىلەرگە شاپائەت كۆرسىتىپ، يامغۇرنى ئۆز ۋاقتىدا
ئەرشتىن ياغدۇرۇپ مول ھوسۇل ئاتا قىلىپ، ئاش-تاماق بىلەن
سىلەرنى تويغۇزۇپ، قەلبىڭلارنى خۇشاللىققا چۆمدۈرۈپ كەلدى.
[18] ھەتتا ئۇلار بۇ سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، خالايىقنىڭ ئۇلارغا ئاتاپ
قۇربانلىق قىلىشىنى ئارانلا توسۇۋالدى.

---

**11:14** روس. 6:28.

**12:14** **«ئىلاھ زېئۇس»** ــ گرېكلەرنىڭ «باش ئىلاھ»ى («يۇپىتېر» دېگەن پلانېتا). **«ئىلاھ ھېرمىس»** ــ ھېرمىس («مېركۇرىي» دېگەن پلانېتا) «ئىلاھلارنىڭ ئەلچىسى» دەپ قارىلاتتى.

**15:14** يار. 1:1؛ زەب. 6:33؛ 8:124؛ 6:146؛ روس. 26:10؛ ۋەھ. 7:14؛ 10:19؛ 9:22.

**16:14** زەب. 12:81

**17:14** رىم. 1:19.

# روسۇل پاۋلۇسنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان 1-سەپىرى



[19]لېكىن ئانتاكىيا ۋە كونىيا شەھەرلىرىدىن بەزى يەھۇدىيلار كېلىپ، كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قايىل قىلىشى بىلەن، خەلق پاۋلۇسنى چالما-كېسەك قىلدى، ئاندىن ئۇنى ئۆلدى دەپ قاراپ، شەھەر سىرتىغا سۆرەپ ئاچىقىپ تاشلىۋەتتى. [20]لېكىن مۇخلىسلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقاندا، پاۋلۇس ئورنىدىن تۇرۇپ، شەھەرگە قايتىپ كىردى. ئەتىسى، ئۇ بارناباس بىلەن بىللە دەربە شەھىرىگە كەتتى.

## روسۇللارنىڭ سۇرىيەدىكى ئانتاكىياغا قايتىپ كېلىشى

[21]ئەمدى ئۇلار دەربە شەھىرىدە خۇش خەۋەر جاكارلاپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى مەسىھكە مۇخلىس بولۇشقا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئىككىيلەن لىسترا، كونىيا ۋە ئانتاكىيا شەھەرلىرىگە قايتىپ باردى. [22]ئۇلار ئۇ يەرلەردە مۇخلىسلارنىڭ قەلبلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، شۇنداقلا: ــ بىز خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشتە نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىز مۇقەررەر بولىدۇ، ــ دەپ نەسىھەت قىلدى.

[23]ئۇلار يەنە ھەرقايسى جامائەت ئىچىدە ئاقساقاللارنى تاللاپ بەلگىلەپ، دۇئا قىلىش ۋە روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرى ئېتىقاد باغلىغان رەبگە تاپشۇردى. [24]ئىككىيلەن پىسىدىيە رايونىدىن ئۆتۈپ پامفىلىيە ئۆلكىسىگە كەلدى. [25]ئۇلار پەرگە شەھىرىدە سۆز-كالامنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئاتتاليا شەھىرىگە باردى. [26]ئاندىن ئۇ يەردىن كېمىگە چىقىپ، سۇرىيەدىكى ئانتاكىياغا قاراپ كەتتى. ئۇلار ئەسلىدە شۇ يەردە ئۆزلىرى ھازىر تاماملىغان بۇ ۋەزىپىنى ئادا

**19:14** 2كور. 25:11.

**22:14**

**22:14** مات. 38:10؛ 24:16؛ لۇقا 26:24؛ روس. 23:11؛ 43:13؛ 2تىم. 12:3.

**25:14** «...**ئاتتاليا شەھىرىگە باردى**» ــ ئاتتاليا شەھىرى دېڭىز بويىدا ئىدى؛ ھازىرقى «ئانتالىيا».

قىلىشقا جامائەتتىكىلەر تەرىپىدىن خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تاپشۇرۇلغانىدى.

[27] قايتىپ كەلگەندە، ئۇلار جامائەتنى بىر يەرگە جەم قىلغاندا، ئۇلارغا خۇدانىڭ ئۆزلىرى ئارقىلىق قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنى، شۇنداقلا خۇدانىڭ قانداق قىلىپ ئەللەركەئىتىقادنىڭ بىر ئىشىكىنى ئاچقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. [28] ئۇلار ئۇ يەردە مۇخلىسلار بىلەن بىللە ئۇزۇن مەزگىل تۇردى.

## يېرۇسالېمدىكى سۈننەت توغرىسىدىكى يىغىن

15 [1] شۇ چاغلاردا بەزىلەر يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىن كېلىپ، ئانتاكيادىكى قېرىنداشلارغا:

سىلەر مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان يوسۇن بويىچە خەتنە قىلىنىشنى قوبۇل قىلمىساڭلار، قۇتقۇزۇلمايسىلەر! ــ دەپ تەلىم بېرىشكە باشلىدى.

[2] بۇ ئىش توغرىسىدا چوڭ ماجىرا چىققان بولۇپ، پاۋلۇس بىلەن بارناباس ئىككىيلەن شۇ كىشىلەر بىلەن كەسكىن مۇنازىرە قىلىشقاندىن كېيىن، قېرىنداشلار پاۋلۇسنى، بارناباسنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرنەچچەيلەننى بۇ مەسىلە توغرىسىدا روسۇللار ۋە ئاقساقاللار بىلەن كۆرۈشۈشكە يېرۇسالېمغا بارسۇن دەپ بېكىتكەن.

---

**26:14** روس. 1:13.

**27:14** «**خۇدانىڭ قانداق قىلىپ ئەللەركە ئىتىقادنىڭ بىر ئىشىكىنى ئاچقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى**» ــ «ئەللەر» مۇشۇ يەردە «يات ئەللەر»، «يەھۇدىي ئەمەسلەر» دېگەن مەنىدە.

**1:15** «**سىلەر مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان يوسۇن بويىچە خەتنە قىلىنىشنى قوبۇل قىلمىساڭلار، قۇتقۇزۇلمايسىلەر!**» ــ يەھۇدىيەدىن كەلگەنلەر ئالللقاچان سۈننەت قىلىنغان يەھۇدىيلار، ئەلۋەتتە.

**1:15** يار. 10:17؛ لاۋ. 3:12؛ گال. 2:5.

**2:15** گال. 1:2.

3شۇنداق قىلىپ ئۇلار جامائەت تەرىپىدىن يولغا سېلىنىپ، سەپىرىدە
فەنىكىيە رايونى ۋە سامارىيە ئۆلكىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، بارغانلا
يېرىدە ئەللەرنىڭمۇ توۋۋا قىلىپ ئېتىقاد يولىغا كىرگەنلىكىنى
تەپسىلىي سۆزلىدى. بۇ خەۋەر بارلىق قېرىنداشلارنى زور شادلىققا چۆ
مگۈزدى. 4پاۋلۇسلار يېرۇسالېمغا كەلگىنىدە، ئۇلار جامائەتتىكىلەر،
روسۇللار ۋە ئاقساقاللار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىپ، كۆپچىلىككە
خۇدانىڭ ئۇلار ئارقىلىق بارلىق قىلغان ئەمەللىرىنى بايان قىلىپ
بەردى. 5لېكىن پەرىسىي مەزھىپىدىكىلەردىن ئېتىقاد يولىغا كىرگەن
بەزىلەر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ:
مۇشۇ يات ئەللىكلەرنى خەتنە قىلىش كېرەك، شۇنداقلا ئۇلارغا
مۇساغا چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشى كېرەكلىكىنى
جېكىلەش كېرەك! ــ دېدى.
6شۇڭا روسۇللار بىلەن ئاقساقاللار بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش
ئۈچۈن جەم بولۇشتى. 7ئۇزۇن سۆھبەتلەشىشتىن كېيىن، پېترۇس
ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
قېرىنداشلار، دەسلەپتىكى كۈنلەردە خۇدانىڭ ئىچىڭلاردىن مېنى
تاللاپ مېنىڭ ئاغزىم ئارقىلىق خۇش خەۋەردىكى سۆز-كالامنى يات
ئەللىكلەرگە ئاڭلىتىپ ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلىشىدا ۋاستە قىلىشقا
بېكىتكەنلىكىدىن خەۋىرىڭلار بار.
8ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى بىلگۈچى خۇدا مۇقەددەس روھنى بىزگە
ئاتا قىلغىنىدەك، ئۇلارغىمۇ ئاتا قىلدى. 9شۇنداق قىلىپ، خۇدا
ئۇلارنى بىز بىلەن ھېچقانداق پەرقلەندۈرمەي، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى

3:15 **«ئەللەرنىڭمۇ توۋۋا قىلىپ...»** ــ «ئەللەر» يەنە «يەھۇدىي ئەمەسلەر» دېگەن مەنىدە. **«ئەللەرنىڭمۇ توۋۋا قىلىپ ئېتىقاد يولىغا كىرگەنلىكى...»** ــ مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا: «توۋۋا قىلىپ ئېتىقاد يولىغا كىرىش» دېگەن ئىبارە پەقەت بىرلا سۆز «بۇرۇلۇش» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**7:15** روس. 20:10؛ 12:11.

**8:15** 1تار. 9:28؛ 17:29؛ زەب. 7:9؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20.

ئېتىقاد ئارقىلىق پاك قىلدى.
[10] ئەھۋال مانا شۇنداق ئىكەن، ئەمدى سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىز ۋە
ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ كۆتۈرەلمىگەن بىر بويۇنتۇرۇقنى مۇخلىسلارنىڭ
بوينىغا ئارتماقچى بولۇپ، خۇدانى سىنىماقچى بولىسىلەر؟!
[11] ئەمدىلىكتە، بىز بولساق رەب ئەيسانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە
تايىنىپ ئۇلارغا ئوخشاش قۇتقۇزۇلىمىز، دەپ ئىشىنىمىز.
[12] بۇ سۆزدىن كېيىن، بارناباس بىلەن پاۋلۇس چىقىپ، خۇدا ئۆزلىرى
ئارقىلىق يات ئەللىكلەرنىڭ ئارىسىدا كۆرسەتكەن بارلىق
مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى ۋە كارامەتلەرنى بايان قىلىپ بەردى؛
كۆپچىلىك ئۇلارغا قۇلاق سېلىپ سۈكۈتتە تۇردى. [13] ئۇلارنىڭ سۆزى
تۈگىگەندىن كېيىن، ياقۇپ مۇنداق دېدى:
قېرىنداشلار، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار! [14] باياتىن شىمېئون خۇدانىڭ يات
ئەللىكلەرنىمۇ باشتىنلا شاپائەت بىلەن يوقلاپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن
ئۆز نامى ئۈچۈن بىر خەلق چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.
[15] پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ بۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، خۇددى
مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنۇ سۆزلەر پۈتۈلگەندەك: ــ
[16] ــ «‹مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن، مەن قايتىپ كېلىپ، داۋۇتنىڭ
يىقىلغان چېدىرىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ تىكلەيمەن،
ئۇنىڭ خارابىلىكلىرىنى قايتا بىنا قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرىمەن.

---

**9:15** روس. 43:10، 44.

**10:15** مات. 4:23.

11:15 **«ئەمدىلىكتە، بىز بولساق رەب ئەيسانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تايىنىپ ئۇلارغا ئوخشاش قۇتقۇزۇلىمىز، دەپ ئىشىنىمىز»** ــ بۇ ئايەتتىكى «بىز» يەھۇدىي ئېتىقاچىلارنى، «ئۇلار» يەھۇدىي بولمىغان ئېتىقادچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**11:15** ئەف. 8:2؛ تىت. 4:3.

14:15 **«شىمېئون»** ــ پېترۇسنىڭ ئارامىي تىلىدىكى ئىسمى («سىمون» بولسا ئۇنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى شەكلىدۇر). **«خۇدانىڭ يات ئەللىكلەرنىمۇ باشتىنلا شاپائەت بىلەن يوقلاپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆز نامى ئۈچۈن بىر خەلق چىقىرىدىغانلىقى»** ــ «شاپائەت بىلەن يوقلاش» گرېك تىلىدا پەقەت «يوقلاش» دېگەن سۆزلا بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**[18-17] شۇنداق قىلىپ، جاھاندىكى باشقا ئىنسانلارمۇ، يەنى مېنىڭ
نامىم بىلەن ئاتالغان بارلىق ئەللەر مېنى ئىزدەپ تاپىدۇ» دەيدۇ بۇ
ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ۋە شۇنداقلا ئۇلارنى ئەزەلدىن ئايان
قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار!»**
**[19] — شۇنىڭ ئۈچۈن خۇلاسەم شۇكى، يات ئەللىكلەر ئارىسىدىن توۋا
قىلىپ خۇداغا ئېتىقاد باغلىغانلارغا ئاۋارە-ئېغىرچىلىك سېلىپ
قويماسلىقىمىز كېرەك؛ [20] پەقەت ئۇلارغا: «بۇتلارغا ئاتىلىپ بۇلغانغان
نەرسىلەرنى يېيىشتىن، جىنسىي بۇزۇقلۇقتىن، قاننى ۋە بوغۇپ
سويۇلغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىنمۇ يېيىشتىن نېرى بولۇڭلار»
دەپ تاپىلاپ، بىر پارچە خەت يازايلى. [21] چۈنكى قەدىمكى دەۋرلەردىن
تارتىپ ھەر شەھەردە شابات كۈنىدە سىناگوگلاردا مۇسا پەيغەمبەرنىڭ
ئېيتقانلىرى ئوقۇلۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئۆگىتىلىپ كەلگەن.**

---

18-17:15 **«شۇنداق قىلىپ، جاھاندىكى باشقا ئىنسانلارمۇ، يەنى مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتالغان بارلىق ئەللەر...»** — «جاھاندىكى باشقا ئىنسانلار» يەھۇدىي خەلقىدىن باشقا بارلىق ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. «مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتالغان بارلىق (يات) ئەللەر» «ئۆز خەلقىم بولۇشقا چاقىرغان يات ئەللەر» ياكى «مەن ئىگىدارچىلىق قىلغان بارلىق ئەللەر» دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. **«مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن، مەن قايتىپ كېلىپ، داۋۇتنىڭ يىقىلغان چېدىرىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ تىكلەيمەن... شۇنداق قىلىپ، جاھاندىكى باشقا ئىنسانلارمۇ، يەنى مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتالغان بارلىق ئەللەر مېنى ئىزدەپ تاپىدۇ»** — (16-17-ئايەت) بۇ نەقىل كەلتۈرۈلگەن بېشارەتلەر «ئام.» 9:11-12 ۋە «يەش.» 21:45دىن ئېلىنغان. ياقۇپ بۇ بېشارەتلەرنى «سېپتۇئاگىنت» LXX دېگەن گرېك تىلىدىكى تەرجىمىسىدىن ئالغان. «ئاموس»تىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**18-17:15** ئام. 9:11، 12.

20:15 **«بۇتلارغا ئاتىلىپ بۇلغانغان نەرسىلەر»** — گرېك تىلىدا «بۇتلاردىن بۇلغانغان نەرسىلەر» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ «نەرسىلەر» بەلكىم گۆش ۋە ھەرخىل يېمەك-ئىچمەكنى كۆرسەتسە كېرەك. گرېكلەر ئارىسىدا «ئاۋۋال بۇتلارغا ئاتالغان» يېمەكلىكنى يېيىش «ساۋابلىق ئىش» ياكى «قۇتلۇق ئىش» دەيدىغانلار كۆپ ئىدى.

**20:15** يار. 9:4؛ مىس. 3:20؛ 1كور. 8:1؛ 10:20؛ 1تېس. 4:3.

21:15 **«بۇتلارغا ئاتىلىپ بۇلغانغان نەرسىلەرنى يېيىشتىن، جىنسىي بۇزۇقلۇقتىن، قاننى ۋە بوغۇپ سويۇلغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىنمۇ يېيىشتىن نېرى بولۇڭلار...»** — (20-ئايەت) مۇشۇ ئۈچ پەرھىز تەۋرات قانۇنىدىن ئېلىنغان. ئېتىقاد قىلغان يات ئەللەرنىڭ بۇلارغا

## يەھۇدىي ئەمەس ئېتىقادچىلارغا يېزىلغان خەت

[22]شۇنىڭ بىلەن روسۇللار، ئاقساقاللار، شۇنداقلا يېرۇسالېمدىكى
پۈتكۈل جامائەتتىكىلەر ئۆز ئارىسىدىن بىرنەچچە ئادەمنى تاللاپ،
ئۇلارنى پاۋلۇس ۋە بارناباس بىلەن بىللە ئانتاكياغا ئەۋەتىشنى
لايىق كۆردى. ئەسلىدە قېرىنداشلار ئىچىدە باشلامچى بولغان يەھۇدا
(بارساباس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن سىلاسلار بۇنىڭغا تاللاندى.
[23]خەت بولسا ئۇلارغا تاپشۇرۇلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىدى:
ــ «ئى ئانتاكيا، سۈرىيە ۋە كىلىكىيەدە تۇرۇۋاتقان يات ئەللىك
قېرىنداشلار، ــ يېرۇسالېمدىكى قېرىنداشلىرىڭلاردىن، روسۇللار
بىلەن ئاقساقاللاردىن سىلەرگە سالام!
[24]ئارىمىزدىن بەزى كىشىلەر چىقىپ يېنىڭلارغا بېرىپ، سۆزلىرى
بىلەن سىلەرنى بىئاراملىقتا سېلىپ كۆڭلۈڭلارنى پاراكەندە قىلىپ
قويغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. لېكىن بىز ئۇلارغا ھېچقانداق سۆز-ئەمر
قىلمىدۇق. [25]شۇ سەۋەبتىن، بىز بۇ ئىشتا ئويلىرىمىز بىر يەردىن
چىققاندىن كېيىن، ئارىمىزدىن تاللانغان بىرنەچچەيلەننى سۆيۈملۈك
بارناباس ۋە پاۋلۇسىمىز بىلەن بىللە يېنىڭلارغا ئەۋەتىشنى قارار
قىلدۇق. [26]بۇ ئىككىيلەن رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ نامى ئۈچۈن
ھاياتىنى خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان كىشىلەردۇر. [27]شۇڭا بىز يەھۇدا

---

رىئايە قىلىشى ئۇلارنىڭ نىجاتلىقا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى («جىنسىي بۇزۇقلۇقتىن... نېرى بولۇڭلار»تىن باشقا) ئېتىقاد قىلغان يەھۇدىيلار جامائەتكە قاتنىششىدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پۇتلكاشاڭ بولماسلىقى، يەھۇدىي ئەمەس قېرىنداشلىرى بىلەن ئارىلىششى ئاسان قىلىنىشى ئۈچۈن دېگەن مەقسەت بىلەن تاپشۇرۇلغان (21-ئايەتتىن روسۇللارنىڭ بۇ مەقستى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ؛ «1كور.» 14:10-1:11نىمۇ كۆرۈڭ).

24:15 **«... سىلەرنى بىئاراملىقتا سېلىپ كۆڭلۈڭلارنى پاراكەندە قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. لېكىن بىز ئۇلارغا ھېچقانداق سۆز-ئەمر قىلمىدۇق»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ يەردە: «... سىلەرنى بىئاراملىقتا سېلىپ، سۈننەت قوبۇل قىلىشىڭلار، تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك دەپ كۆڭلۈڭلارنى پاراكەندە قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭلىدۇق» دېيىلىدۇ.

**24:15** گال. 4:2.

**26:15** روس. 50:13؛ 19:14.

بىلەن سىلاسنى يازغانلىرىمىزنى سىلەرگە ئۆز ئاغزى بىلەنمۇ سۆزلەپ بەرسۇن دەپ، يېنىڭلارغا ئەۋەتتۇق. [28] گەپنىڭ پوسكاللىسىغا كەلسەك، مۇقەددەس روھقا، شۇنداقلا بىزلەرگىمۇ شۇ لايىق كۆرۈنگەنكى، تۆۋەندىكى زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن سىرت، سىلەرگە ھېچقانداق باشقا ئىشنى يۈكلىمەسلىكىمىز كېرەك: [29] — بۇتلارغا ئاتالغان نەرسىلەردىن، قاننى ۋە بوغۇپ سويۇلغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن يېيىشتىن ۋە جىنسىي بۇزۇقلۇقتىن نېرى بولۇش — سىلەر مۇشۇ بىرنەچچە ئىشتىن ساقلانساڭلار، ياخشى قىلغان بولىسىلەر.

ئامان-خاتىرجەم بولۇڭلار!»

[30] شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قېرىنداشلار تەرىپىدىن يولغا سېلىنىپ، ئانتاكياغا باردى. ئۇ يەردە پۈتۈن جامائەتتىكىلەرنى يىغىپ، خەتنى ئۇلارغا تاپشۇردى. [31] ئۇلار خەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بولغان رىغبەت-تەسەللىدىن زور شادلاندى. [32] يەھۇدا ۋە سىلاسلار ئۆزلىرىمۇ پەيغەمبەرلەردىن بولۇپ، ئۇلار قېرىنداشلارنى نۇرغۇن سۆز-نەسىھەتلەر بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى قۇۋۋەتلەندۈردى. [33] يەھۇدا ۋە سىلاسلار ئۇ يەردە بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئانتاكيادىكى قېرىنداشلارنىڭ سەپىرىگە ئامانلىق تىلىگەن ھالدا ئۇزىتىشى بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەۋەتكەن يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ قېشىغا قايتتى. [34-35] لېكىن پاۋلۇس ۋە بارناباس ئانتاكيادا قېلىپ، باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلارنىڭ ھەمكارلىقىدا تەلىم بېرىپ رەبنىڭ سۆز-كالامىدىكى خۇش خەۋىرىنى جاكارلاپ تۇردى.

---

**29:15** يار. 4:9؛ مىس. 3:20؛ لاۋ. 14:17؛ 1كور. 1:8؛ 1تىس. 3:4.

**30:15** **«شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قېرىنداشلار تەرىپىدىن يولغا سېلىنىپ...»** — گرېك تىلىدا «شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇلارنىڭ تەرىپىدىن يولغا سېلىنىپ...».

**33:15** **«يەھۇدا ۋە سىلاسلار ئۇ يەردە بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن»** — «يەھۇدا ۋە سىلاسلار» گرېك تىلىدا «ئۇلار».

## پاۋلۇس بىلەن بارناباسنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى

[36] لېكىن يەنە بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن پاۋلۇس بارناباسقا:
بىز بۇرۇن رەببنىڭ سۆز-كالامىنى يەتكۈزگەن ھەممە شەھەر-يېزىلارغا
بېرىپ، قېرىنداشلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھالىنى سوراپ كېلەيلى، ــ
دېدى.
[37] بارناباس بولسا يۇھاننا (ماركۇسمۇ دېيىلىدۇ)نى بىللە ئېلىپ
بارماقچى بولغانىدى. [38] بىراق پاۋلۇس ئالدىنقى قېتىم پامفىلىيە
ئۆلكىسىدە ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەن، رەببنىڭ خىزمىتىدە ئۇلار
بىلەن بىللە داۋاملىق سەپەر قىلمىغان ماركۇسنى يەنە ئېلىپ
بېرىشنى ئاقىلانىلىك ئەمەس دەپ قارىدى. [39] شۇنىڭ بىلەن
ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا بەك كەسكىن ئىختىلاپ بولۇپ، ئاخىر
بېرىپ ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشتى. بارناباس ماركۇسنى
ئېلىپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ سىپرۇس ئارىلىغا كەتتى. [40] پاۋلۇس
بولسا سىلاسنى تاللىدى؛ قېرىنداشلارنىڭ ئىككىيلەننى خۇدانىڭ
شاپائىتىگە ئامانەت قىلىشى بىلەن ئۇ ئىككىسى يولغا چىقتى. [41] ئۇ
ئەمدى سۇرىيە ۋە كىلىكىيە ئۆلكىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ھەرقايسى
جايلاردا جامائەتلەرنى قۇۋۋەتلەندۈردى.

## تىموتىينىڭ پاۋلۇس ۋە سىلاسقا قوشۇلۇشى

16 [1] ئاندىن ئۇ دەربە ۋە لىسترا شەھەرلىرىگىمۇ باردى. مانا،
شۇ يەردە ئېتىقادچى يەھۇدىي بىر ئايالنىڭ ئوغلى، تىموتىي

---

37:15 مىس. 3:20.
38:15 **«رەببنىڭ خىزمىتىدە ئۇلار بىلەن بىللە داۋاملىق سەپەر قىلمىغان ماركۇس...»** ــ
مۇشۇ يەردە«رەببنىڭ خىزمىتىدە» گرېك تىلىدا پەقەت «خىزمەتتە» دېيىلىدۇ.
40:15 **«پاۋلۇس بولسا سىلاسنى تاللىدى؛ قېرىنداشلارنىڭ ئىككىيلەننى خۇدانىڭ شاپائىتىگە ئامانەت قىلىشى بىلەن ئۇ ئىككىسى يولغا چىقتى»** ــ پاۋلۇس ۋە بارناباس
نېمە ئۈچۈن بىر-بىرىدىن ئايرىلدى؟ قايسىسىنىڭ قارارى توغرا؟ «قوشۇمچە سۆزىمىز»دە بۇ
مەسىلە توغرىسىدا ئازراق توختىلىمىز.

ئىسمىلىك بىر مۆخلىس بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى بولسا گرېك ئىدى.
2 لىسترا ۋە كونيا شەھەرلىرىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
توغرۇلۇق ياخشى گۇۋاھلىق بېرەتتى. 3 پاۋلۇس ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە
ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. بىراق بۇ يەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى
تىموتىينىڭ ئاتىسىنىڭ گرېك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، پاۋلۇس
ئۇنى ئېلىپ خەتنە قىلدۇردى. 4 ئۇلار شەھەر-يېزىلاردىن ئۆتكەچ،
يېرۇسالېمدىكى روسۇللار بىلەن ئاقساقاللار يات ئەللەرگە بېكىتكەن
بەلگىلىمىلەرنى ئۇلارنىڭ رىئايە قىلىشى ئۈچۈن تاپشۇردى.
5 شۇنداق قىلىپ، جامائەتلەر ئېتىقادتا كۈچەيتىلىپ، سانلىرىمۇ
كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى.

## ماكېدونىيەلىكنىڭ چاقىرىقى

6 مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ ئاسىيا ئۆلكىسىدە سۆز-كالامنى
جاكارلىشىغا يول قويمىغان بولۇپ، پاۋلۇسلار ئەمدى فىرگىيە
ۋە گالاتىيا رايونلىرىدىن ئۆتۈپ، 7 مىسىيە رايونىغا كەلگەندىن
كېيىن، بىتىنىيە ئۆلكىسىگە كىرمەكچى بولدى. بىراق ئەيسانىڭ
روھى ئۇلارغا بۇنداق قىلىشقىمۇ يول قويمىدى. 8 شۇنىڭ بىلەن

1:16 **«مانا، شۇ يەردە ئېتىقادچى يەھۇدىي بىر ئايالنىڭ ئوغلى، تىموتىي ئىسىملىك بىر مۆخلىس بار ئىدى»** ــ كېيىنكى ئايەتلەرگە قارىغاندا، «شۇ يەر» لىسترا ئىدى.

3:16 **«بۇ يەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى تىموتىينىڭ ئاتىسىنىڭ گرېك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، پاۋلۇس ئۇنى ئېلىپ خەتنە قىلدۇردى»** ــ پاۋلۇسنىڭ تىموتىينى خەتنە قىلىشى ئېتىقادىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولغاندا يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.

**3:16** 1كور. 9:20؛ گال. 2:3.

**4:16** روس. 15:20.

6:16 **«مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ ئاسىيا ئۆلكىسىدە سۆز-كالامنى جاكارلىشىغا يول قويمىغان بولۇپ، پاۋلۇسلار ئەمدى فىرگىيە ۋە گالاتىيا رايونلىرىدىن ئۆتۈپ...»** ــ فىرگىيە ۋە گالاتىيا رايونلىرى ئاسىيانىڭ بىر قىسمى ئىدى ــ پاۋلۇس شۇ يەردىن ئۆتكىنى بىلەن خۇدانىڭ سۆزىنى جاكارلاش ئۈچۈن ئۇ يەردە توختىمىدى.

7:16 **«مىسىيە رايونىغا كەلگەندىن كېيىن، بىتىنىيە ئۆلكىسىگە كىرمەكچى بولدى.**

ئۇلار مىسىيەدىن ئۆتۈپ، دېڭىز بويىدىكى تروئاس شەھىرىگە چۈ
شتى. [9]شۇ كۈنى كەچتە، پاۋلۇسقا بىر غايىبانە كۆرۈنۈش كۆرۈنۈپ،
ماكېدونىيەلىك بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ:
دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ماكېدونىيەگە كېلىپ، بىزگە ياردەم بەرگەيسەن! ــ
دەپ ئۆتۈندى.
[10]ئۇ بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرگەندىن كېيىن، رەب بىزنى جەزمەن ئۇ
كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا خۇش خەۋەر جاكارلاشقا
چاقىرغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، دەرھال ماكېدونىيەگە بېرىشقا
تەييارلاندۇق.

## لىدىيانىڭ ئېتىقاد قىلىشى

[11]بىز كېمىگە چىقىپ، تروئاستىن يولغا چىقىپ، سامودراك ئارىلىغا
قاراپ يول ئالدۇق ۋە ئەتىسى ماكېدونىيەدىكى نېئاپولىس شەھىرىگە
يېتىپ باردۇق. [12]ئۇ يەردىن ماكېدونىيەنىڭ شۇ رايونىدىكى فىلىپپى
دېگەن مۇھىم شەھىرىگە ئۆتتۇق. بۇمۇ رىمدىكى بىر مۇستەملىكە
شەھەر ئىدى. بىز بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردۇق. [13]شابات كۈنى،

---

بىراق ئەيسانىڭ روھى ئۇلارغا بۇنداق قىلىشقىمۇ يول قويمىدى» ــ قىزىق بىر يېرى شۇكى، كېيىنرەك روسۇل پېترۇس دەل مۇشۇ رايونلارنىڭ بەزى يەرلىك كىشىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدى (2پېت.» 1:1نى كۆرۈڭ). شۇڭا مۇمكىنچىلىكى باركى، پاۋلۇسلار مۇشۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلاردا، پېترۇس شۇ يەردە ئىدى ياكى پات ئارىدا شۇ يەرلەرگە كەلمەكچى ئىدى. پاۋلۇسمۇ كېيىن گالاتىيا دېگەن رايونغا بېرىپ، خۇش خەۋەرنى تارقىتىپ، بىر جامائەت بەرپا قىلىندى (18:23 ۋە «گال.» 13:4نى كۆرۈڭ).

**8:16** 2كور. 12:2.

9:16 **«دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ماكېدونىيەگە كېلىپ، بىزگە ياردەم بەرگەيسەن!»** ــ ماكېدونىيە رىم ئىمپېرىيەسىدىكى گرېتسىيەگە جايلاشقان «ماكېدونىيە ئۆلكىسى» ئىدى.

10:16 **«ئۇ بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرگەندىن كېيىن، رەب بىزنى جەزمەن ئۇ كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا خۇش خەۋەر جاكارلاشقا چاقىرغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، دەرھال ماكېدونىيەگە بېرىشقا تەييارلاندۇق»** ــ مۇشۇ ئايەتتىن باشلاپ **«بىز»** دەپ بايان قىلىشنىڭ سەۋەبى ــ مۇشۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى لۇقا مۇشۇ يەردە پاۋلۇسلارغا قوشۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

12:16 **«ئۇ يەردىن ماكېدونىيەنىڭ شۇ رايونىدىكى فىلىپپى دېگەن مۇھىم شەھىرىگە**

شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ دەريا ساھىلىغا باردۇق؛ چۈنكى بىز
ئۇ يەردە دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان بىر جاي بار دەپ ئويلىدۇق؛ دەرۋەقە
شۇنداق بولدى. بىز ئولتۇرۇپ، ئۇ يەرگە يىغىلغان ئاياللارغا سۆزلەشكە
باشلىدۇق. [14]ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۆسۈن رەخت سودىسى قىلىدىغان،
تىياتىرا شەھىرلىك، خۇدادىن قورقىدىغان لىديا ئىسىملىك بىر
ئايال بار ئىدى. رەب ئۇنىڭ قەلبىنى پاۋلۇسنىڭ ئېيتقانلىرىنى قوبۇل
قىلىشقا ئاچتى. [15]ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چۆمۈلدۈرۈلگەن
بولۇپ بىزدىن ئۆتۈنۈپ:
ئەگەر سىلەر مېنى ھەقىقەتەن رەبگە ئېتىقاد قىلغۇچى دەپ
بىلسەڭلەر، مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ تۇرۇڭلار! ــ دەپ چىڭ تۇرۇپ
بىزنى ماقۇللاتتى.

## پاۋلۇس بىلەن سىلاسنىڭ زىندانغا تاشلىنىشى

[16]بىر كۈنى بىز شۇ دۇئا قىلىدىغان جايغا كېتىپ بارغىنىمىزدا،
بىر دېدەك بىزگە يولۇقتى؛ بۇ قىزغا پال سالغۇچى بىر جىن
چاپلىشىۋالغانىدى؛ دېدەك خوجايىنلىرىغا پال سېلىش يولى بىلەن

ئۆتتۇق. **بۇمۇ رىمدىكى بىر مۇستەملىكە شەھەر ئىدى»** ــ فىلىپپى دېڭىز بويىكى نېئاپولىستىن 16 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. «رىمدىكى مۇستەملىكە» ــ بىۋاستە رىم ھۆكۈمىتى ئۆزى باشقۇرغان، ئاھالىسى «رىم گراژدانلىق» ھوقۇق-ئىمتىيازلىرىغا ئىگە ئىدى.

13:16 **«شابات كۈنى، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ دەريا ساھىلىغا باردۇق؛ چۈنكى بىز ئۇ يەردە دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان بىر جاي بار دەپ ئويلىدۇق»** ــ ئەھۋالغا قارىغاندا فىلىپپى شەھىرىدە يەھۇدىيلارنىڭ بىرمۇ سىناگوگى يوق ئىدى («سىناگوگ»نىڭ ئاساسى ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئون يەھۇدىي ئەركەك كىشى بىر-بىرىگە قوشۇلۇشى كېرەك). ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئاياللار (بەلكىم يەھۇدىي ھەم يەھۇدىي ئەمەسلەر، يەنى «خۇدانىڭ قورققانلار») ھەر شابات كۈنى تەۋراتتىن ئېلىنغان سۆزلەر بىلەن دۇئا-تىلاۋەت قىلىشقا يىغىلاتتى.

14:16 **«ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۆسۈن رەخت سودىسى قىلىدىغان، تىياتىرا شەھىرلىك، خۇدادىن قورقىدىغان لىديا ئىسىملىك بىر ئايال بار ئىدى»** ــ «خۇدادىن قورقىدىغان» دېگەن تۇراقلىق ئىبارە، لىديانىڭ يەھۇدىي ئەمەس، ئەمما تەۋرات ئېتىقادىدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**15:16** يار. 3:19؛ 11:33؛ ھاك. 21:19؛ لۇقا 29:24؛ ئىبر. 2:13.

نۇرغۇن پايدا تېپىپ بەرگەنىدى. [17]ئۇ يول بويى پاۋلۇس ۋە بىزگە ئەگىشىپ:
بۇ كىشىلەر ھەممىدىن ئالىي خۇدانىڭ قۇللىرى، ئۇلار سىلەرگە نىجاتلىق بىر يولىنى جاكارلايدۇ! ــ دەپ ۋارقىراپ ماڭدى.
[18]ئۇ ئۇدا كۆپ كۈنلەر شۇنداق ۋارقىرىدى. بۇ ئىش پاۋلۇسنىڭ قەلبىنى ئازابلاپ، ئۇ قىزغا بۇرۇلۇپ، جىنغا:
ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن بۇيرۇيمەنكى، ئۇنىڭدىن چىق! ــ دېيىشىگىلا، جىن شۇئان چىقىپ كەتتى.
[19]دېدەكنىڭ خوجايىنلىرى ئۇنىڭغا باغلىغان پۇل تېپىش ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، پاۋلۇس بىلەن سىلاسقا قول سېلىپ، ئۇلارنى بازار مەيدانىغا سۆرەپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. [20]ئۇلار ئىككىيلەننى سوراقچى ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ:
بۇ ئادەملەر يەھۇدىيلار بولۇپ، شەھىرىمىزنى قالايمىقانلاش-تۇرۇۋەت مەكتە. [21]بىز بولساق رىملىقلارمىز، ئۇلار قانۇنىمىزغا خىلاپ بولغان ۋە قوبۇل قىلىشقا ياكى يۈرگۈزۈشكە بولمايدىغان قائىدە-يوسۇنلارنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ! ــ دەپ شىكايەت قىلدى.
[22]توپلانغان خالايىقمۇ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا قوزغالدى؛ سوراقچى

---

16:16 **«بۇ قىزغا پال سالغۇچى بىر جىن چاپلىشىۋالغانىدى»** ــ «پال سالغۇچى بىر جىن» گرېك تىلىدا «پىتون روھى». «پىتون» يوغان يىلان بولۇپ، گرېكلارنىڭ رىۋايەتلىرى بويىچە ئۇ دەلفى شەھىرىدىكى بۇتخانىدا تۇرۇپ، پالچىلىق سىرلىرىنى باشقۇراتتى.

**16:16** 1سام. 7:28؛ روس. 24:19.

17:16 **«...ئۇلار سىلەرگە نىجاتلىق بىر يولىنى جاكارلايدۇ!»** ــ ياكى «...ئۇلار سىلەرگە نىجاتلىق يولىنى جاكارلايدۇ!».

18:16 **«بۇ ئىش پاۋلۇسنىڭ قەلبىنى ئازابلاپ،...»** ــ گرېك تىلىدا «قەلبىنى ئازابلاش» دېگەن سۆز ھەم دەرد، بىزارلىق ۋە خاپىچىلىقنى (دېگەن مەنىلەرنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«جىن شۇئان چىقىپ كەتتى»** ــ ياكى «جىن شۇ سائەت ئىچىدە چىقىپ كەتتى».

**18:16** مار. 17:16.

**19:16** 2كور. 5:6.

**20:16** 1پاد. 17:18؛ روس. 6:17.

ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ يالىڭاچلاپ، كالتەك
بىلەن دۇمبىلاشقا ئەمر چۈشۈردى. [23] ئىككىيلەننى كالتەك
بىلەن كۆپ دۇمبىلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى زىندانغا تاشلىدى ۋە
شۇنداقلا گۇندىپاينى قاتتىق كۆزىتىشكە بۇيرۇدى. [24] ئۇ بۇيرۇقنى
تاپشۇرۇۋېلىش بىلەن ئۇلارنى زىنداننىڭ ئىچكىرىدىكى كامېرغا
سولاپ، پۇتلىرىغا ئىشكەل سالدى.
[25] تۈن يېرىمدا، پاۋلۇس بىلەن سىلاس دۇئا قىلىپ، خۇداغا مەدھىيە
كۈيلىرىنى ئېيتىۋاتاتتى. باشقا مەھبۇسلار بولسا قۇلاق سېلىپ ئا
ڭلاۋاتاتتى. [26] تۇيۇقسىز قاتتىق يەر تەۋرەش يۈز بەردى؛ زىنداننىڭ
ئۇللىرىمۇ تەۋرىنىپ كەتتى ۋە زىنداننىڭ ھەممە ئىشىكلىرى شۇئان
ئېچىلىپ، ھەربىر مەھبۇسنىڭ كىشەنلىرىمۇ چۈشۈپ كەتتى.
[27] گۇندىپاي ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، زىنداننىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئوچۇق
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، مەھبۇسلار قېچىپ كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ،
قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدى.
[28] لېكىن پاۋلۇس قاتتىق ئاۋازدا:
ئۆزۈڭگە زەرەر يەتكۈزمە، ھەممىمىز بار! — دەپ ۋارقىرىدى.
[29] گۇندىپاي: چىراغلارنى كەلتۈرۈڭلار دەپ توۋلاپ ئىچكىرىگە ئېتىلىپ
كىرىپ، تىترىگەن ھالدا پاۋلۇس بىلەن سىلاسنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.
[30] ئاندىن ئۇلارنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ:
قۇتقۇزۇلۇشۇم ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى.
[31] رەب ئەيساغا ئېتىقاد قىلغىن، ۋە شۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭ ھەم

---

**22:16** 2كور. 25:11؛ 1تېس. 2:2.

**25:16** روس. 31:4.

**26:16** روس. 19:5؛ 7:12.

27:16 **«گۇندىپاي ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ... مەھبۇسلار قېچىپ كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدى»** — رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قانۇنى بويىچە مەھبۇسلارنى قاچۇرۇپ قويغان ئەسكەرلەر ياكى گۇندىپايلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىناتتى.

**30:16** لۇقا 3:10؛ روس. 2:37؛ 6:9.

ئائىلەڭدىكىلەرمۇ قۇتقۇزۇلىدۇ! ــ دېدى ئۇلار.
[32]شۇنىڭ بىلەن، ئىككىيلەن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ بارلىق
ئائىلىسىدىكىلەرگە رەبنىڭ سۆز-كالامىنى يەتكۈزدى. [33]كېچە شۇ
سائەتنىڭ ئۆزىدىلا گۇندىپاي ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ، يارىلىرىنى
يۇيۇپ تازىلىدى؛ ئاندىن ئۇ دەرھال ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن
چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلدى؛ [34]ئىككىيلەننى ئۆز ئۆيىگە
باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. ئۇ پۈتكۈل
ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خۇداغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن زور
شادلاندى.
[35]ئەتىسى ئەتىگەندە، سوراقچى ئەمەلدارلار ياساۋۇللارنى زىندانغا
ئەۋەتىپ:
ئۇ ئىككىيلەننى قويۇۋېتىڭلار! ــ دەپ بۇيرۇدى.
[36]گۇندىپاي بۇ سۆزنى پاۋلۇسقا يەتكۈزۈپ:
سوراقچى ئەمەلدارلار ئىككىڭلارنى قويۇۋېتىش يارلىقىنى چۈشۈردى.
سىلەر ئەمدى زىنداندىن چىقىپ، تىنچ-ئامان يولۇڭلارغا چىقىڭلار،
ــ دېدى.
[37]بىراق پاۋلۇس ياساۋۇللارغا:
بىز رىم پۇقرالىرى بولساقمۇ، ئەمەلدارلار بىزنى سوراق قىلمايلا
خالايىقنىڭ ئالدىدا كالتەك بىلەن دۇمبالاپ، زىندانغا تاشلىدى. ئەمدى
ئۇلار ھازىر بىزنى يوشۇرۇنچە قوغلىماقچىمۇ؟ ياق، بۇنداق قىلسا
بولمايدۇ! ئەمەلدارلار ئۆزلىرى كېلىپ بىزنى چىقارسۇن! ــ دېدى.

---

31:16 **«رەب ئەيساغا ئېتىقاد قىلغىن، ۋە شۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭ ھەم ئائىلەڭدىكىلەرمۇ قۇتقۇزۇلىدۇ!»** ــ گۇندىپاينىڭ «قۇتقۇزۇلۇشۇم ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دېگەن سوئالىنى قويۇشىدا، ئۇ بەلكىم «قۇتقۇزۇلۇش»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئانچە چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى روھىي جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇشى ئىدى.

**31:16** يۇھ. 16:3، 36؛ 47:6؛ 1يۇھ. 10:5.

**34:16** لۇقا 29:5؛ 6:19.

37:16 **«بىز رىم پۇقرالىرى بولساقمۇ، ئەمەلدارلار بىزنى سوراق قىلمايلا خالايىقنىڭ**

³⁸ياساۋۇللار بۇ سۆزلەرنى سوراقچى ئەمەلدارلارغا يەتكۈزدى. ئۇلار
ئىككىيلەننىڭ رىم پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قورقۇپ
كەتتى؛ ³⁹ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا زىندانغا بېرىپ، ئۇلارنى
زىنداندىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى
قايتا-قايتا ئۆتۈندى.
⁴⁰ئىككىيلەن زىنداندىن چىقىشى بىلەن لىدىيانىڭ ئۆيىگە
باردى؛ ئاندىن ئۇ يەردە قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى
رىغبەتلەندۈرگەندىن كېيىن، يولغا چىقىپ كەتتى.

## تېسالونىكا شەھىرىدىكى توپىلاڭ

17 ¹ئۇلار سەپىرىنى داۋام قىلىپ ئامفىپولىس ۋە ئاپوللونىيا
شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، تېسالونىكا شەھىرىگە كەلدى. ئۇ
يەردە يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگى بار ئىدى. ²پاۋلۇس ئادىتى بويىچە
ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇدا ئۈچ شابات كۈنى ئۇ يەردە جەم
بولغانلار بىلەن مۇقەددەس يازمىلارنى شەرھلەپ مۇنازىرىلىشىپ،
³ئۇلارغا مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلەر تارتقاندىن كېيىن ئۆلۈمدىن
تىرىلىشى مۇقەررەر دەپ چۈشەندۈردى ھەم ئىسپاتلىدى ۋە: — مەن
سىلەرگە جاكارلىغان مۇشۇ ئەيسا دەل مەسىھنىڭ ئۆزى شۇ! — دېدى.
⁴يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلەر قايىل بولۇپ ئىشىنىپ، پاۋلۇس
بىلەن سىلاسقا قوشۇلدى؛ شۇنداقلا خۇدادىن قورقىدىغان گرېكلەردىن
زور بىر توپ ئادەملەر ۋە ئاز بولمىغان يۇقىرى تەبىقىدىكى گرېك

**ئالدىدا كالتەك بىلەن دۇمبالاپ، زىندانغا تاشلىدى»** — رىملىق پۇقرالارغا ئۇنداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ھەربىر باسقۇچى رىم قانۇنىغا خىلاپ ئىدى.

**39:16** مات. 34:8.

1:17 **«تېسالونىكا شەھىرى»** — «تېسالونىكا» ھازىرقى سالونىكا شەھىرى. **«ئۇلار ... تېسالونىكا شەھىرىگە كەلدى»** — مۇشۇ باپتا «بىز» ئەمەس، بەلكى «ئۇلار» دېيىلگەنچكە، لۇقانى پاۋلۇسلاردىن بىر مەزگىل ئايرىلغان، دەپ قارايمىز.

**3:17** زەب. 6:22. 22؛ مات. 21:16؛ لۇقا 46:24.

ئاياللارمۇ شۇنداق ئىشەندى. [5] بىراق يەھۇدىيلار بۇنىڭغا ھەسەت
قىلىپ، بىرنەچچە قەبىھ ئادەملەرنى يىغىپ، بىر توپ كىشىلەرنى
توپلاپ، شەھەرنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. يەھۇدىيلار پاۋلۇس
بىلەن سىلاسنى شەھەر خەلق كېڭەشمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش
ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇش مەقسىتىدە ياسون ئىسىملىك بىرسىنىڭ
ئۆيىگە باستۇرۇپ باردى. [6] لېكىن ئۇلار ئىككىيلەننى تاپالماي ئۇلار
ياسون ۋە باشقا بىرنەچچە قېرىنداشنى شەھەر ئەمەلدارلىرىنىڭ
ئالدىغا تارتىپ ئاپىرىپ:

ھەممە جايلاردا ئالەمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئاشۇ ئادەملەر
مۇشۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى؛ [7] ياسون ئۇلارنى ئۆيىدە قوبۇل قىلدى.
ئۇلار ئەيسا ئىسىملىك باشقا بىر پادىشاھ بار دەپ جاكارلاپ،
قەيسەرنىڭ پەرمانلىرىغا قارشى چىقىۋاتىدۇ! — دەپ چۇقان
سېلىشتى.
[8] ئۇلار بۇ سۆزلەر بىلەن خالايىقنى ۋە شەھەر ئەمەلدارلىرىنى دەككە-
دۈككىگە سېلىپ قويدى. [9] ئەمەلدارلار ياسون ۋە باشقا تۇتۇپ
كېلىنگەنلەردىن كاپالەت پۇلى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قويۇۋەتتى.

## بېرىيا شەھىرىدە

[10] قېرىنداشلار ھايال بولماي پاۋلۇس بىلەن سىلاسنى شۇ كۈنى كېچىدە
بېرىيا شەھىرىگە ئەۋەتىۋەتتى. ئۇلار ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا،

4:17 **«... شۇنداقلا خۇدادىن قورقىدىغان گرېكلەردىن زور بىر توپ ئادەملەر ۋە ئاز بولمىغان يۇقىرى تەبىقىدىكى گرېك ئاياللارمۇ شۇنداق ئىشەندى»** — «خۇدادىن قورقىدىغان گرېكلەر» دېگەن تۇراقلىق ئىبارە، تەۋرات ئېتىقادىدا بولغان گرېكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**4:17** روس. 24:28.

**6:17** روس. 20:16.

**7:17** لۇقا 2:23؛ يۇھ. 12:19.

يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگىغا كىردى. [11] ئۇ يەردىكى سىناگوگدىكىلەر تېسالونىكادىكىلەرگە قارىغاندا ئېسىل خىسلەتلىك بولۇپ، سۆز-كالامنى قىزىقىپ ئاڭلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئېنىقلاپ بىلىش ئۈچۈن، ھەركۈنى مۇقەددەس يازمىلارنى قېتىرقىنىپ ئىزلەندى. [12] نەتىجىدە، ئۇلاردىن نۇرغۇن يەھۇدىيلار، ئېسىلزادە گرېك ئاياللاردىن بىر قىسمى ۋە شۇنداقلا خېلى كۆپ گرېك ئەرلەر ئېتىقاد قىلدى. [13] لېكىن تېسالونىكادىكى يەھۇدىيلار خۇدانىڭ سۆز-كالامىنىڭ پاۋلۇس ئارقىلىق بېرىيادىمۇ جاكارلىنىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگىمۇ بېرىپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇپ، ئاممىنى قۇتراتتى. [14] شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلار پاۋلۇسنى دەرھال دېڭىز بويىغا ئەۋەتىۋەتتى. سىلاس بىلەن تىموتىي بولسا بېرىيادا قالدى. [15] پاۋلۇسنى ئۇزىتىپ ماڭغانلار ئۇنى ئافىنا شەھىرىگىچە ئېلىپ باردى. ئاندىن ئۇلار پاۋلۇسنىڭ:

«سىلەر سىلاس بىلەن تىموتىيغا مۇمكىنقەدەر مېنىڭ يېنىمغا تېزراق كەلسۇن دەپ يەتكۈزۈپ قويۇڭلار» دېگەن تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ، بېرىياغا قايتىپ كەلدى.

## ئافىنا شەھىرىدە

[16] پاۋلۇس ئافىنا شەھىرىدە سىلاس بىلەن تىموتىينى كۈتۈپ تۇرغاندا، پۈتكۈل شەھەردىكىلەرنىڭ بۇتپەرەسلىككە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، روھى قاتتىق ئازابلاندى. [17] شۇڭا ئۇ سىناگوگتا

10:17 **«قېرىنداشلار ھايال بولماي پاۋلۇس بىلەن سىلاسنى شۇ كۈنى كېچىدە بېرىيا شەھىرىگە ئەۋەتىۋەتتى»** ــ «شۇ كۈنى كېچىدە» ياكى «شۇ كۈنى كەچ كىرىش بىلەنلا».

**10:17** روس. 25:9.

**11:17** يەش. 16:34؛ لۇقا 29:16؛ يـۇھ. 39:5.

12:17 **«شۇنداقلا خېلى كۆپ گرېك ئەرلەر ئېتىقاد قىلدى»** ــ گرېك تىلىدا «شۇنداقلا ئاز بولمىغان گرېك ئەرلەر ئېتىقاد قىلدى».

**13:17** 1تېس. 14:2.

**15:17** روس. 5:18.

يەھۇدىيلار ۋە خۇدادىن قورقىدىغانلار بىلەن ھەم شۇنىڭدەك ھەركۈنى بازاردا ئۇچرىغانلا كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. [18] «ئېپىكۇرلار» ۋە «ستوئىكلار» دەپ ئاتالغان بەزى پەيلاسوپلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن بەزىلەر:
بۇ بىلەرمەن پوچى نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ؟ ـ دېيىشتى.
يەنە بەزىلەر پاۋلۇسنىڭ ئەيسا ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى جاكارلىغانلىقىدىن:
ئۇ يات ئىلاھلارنىڭ تەرغىباتچىسى ئوخشايدۇ! ـ دېيىشتى. [19] شۇڭا، ئۇلار پاۋلۇسنى ئېلىپ «ئارېئوپاگۇس» دېگەن كېڭەش مەيدانىغا ئاپىرىپ:
سەن تارقىتىۋاتقان يېڭى تەلىمىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىزمۇ بىلسەك قانداق؟ [20] چۈنكى سەن بەزى غەيرىي ئىشلارنى قۇلىقىمىزغا يەتكۈزۈۋاتىسەن، بىز ئۇلارنىڭ مەنىسى زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگۈمىز بار، ـ دېيىشتى [21] (ئەمدى ئافىنالىقلار ۋە ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان چەتئەللىكلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقتىنى بىرەر يېڭىلىقنى يەتكۈزۈش ياكى ئاڭلاشتىن باشقا ئىشقا سەرپ قىلمايتتى). [22] شۇڭا پاۋلۇس ئارېئوپاگۇس مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ مۇنداق دېدى:
ئەي ئافىنا خەلقى! سىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن جىن-ئىلاھلارغا

---

17:17 **«ئۇ سىناگوگتا يەھۇدىيلار ۋە خۇدادىن قورقىدىغانلار بىلەن ... بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەتتى»** ــ «خۇدادىن قورقىدىغانلار» تەۋرات ئارقىلىق خۇداغا ئېتىقاد قىلغان يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

18:17 **««ئېپىكۇرلار» ۋە «ستوئىكلار» دەپ ئاتالغان بەزى پەيلاسوپلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى»** ــ «ئېپىكۇرلار»: «لەززەت»نى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ھەرتۈرلۈك «ئىلاھ» ۋە «ئاخىرەت» دېگەنلەرگە قارشى ئىدى. «ستوئىكلار» بولسا «پەزىلەت»نى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ئەمەللىرىگە مەسئۇل بولۇپ، «پەزىلەت»كە لەززەت ياكى ئازاب-ئوقۇبەتكە قارىماي ئىنتىلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلەيتتى. **«ئۇ يات ئىلاھلارنىڭ تەرغىباتچىسى ئوخشايدۇ!»** ــ ئۇلارنىڭ «يات ئىلاھلار» دېگىنىدە كۆزدە تۇتقىنى «ئەيسا» ۋە «تىرىلىش» ئىدى ــ ئۇلار بۇلارنى «ئىككى ئىلاھ» دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

## روسۇل پاۋلۇسنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان 2-سەپىرى




چوقۇنۇشقا قاتتاق بېرىلگەنلىكىڭلارنى كۆردۈم. 23 چۈنكى ھەممە يەرنى ئارىلاپ، سىلەرنىڭ تاۋاپگاھلىرىڭلارنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمدە، ئۈستىگە «نامەلۇم بىر خۇداغا ئاتالغان» دەپ پۈتۈلگەن بېغىشلىمىسى بار يەنە بىر قۇربانگاھنى كۆردۈم. ئەمدى مەن سىلەر تونۇماي تۇرۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان شۇ خۇدانى مانا ھازىر سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ جاكارلاي.

24 پۈتكۈل ئالەمنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقان خۇدا ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ قولى

---

22:17 **«سىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن جىن-ئىلاھلارغا چوقۇنۇشقا قاتتاق بېرىلگەنلىكىڭلارنى كۆردۈم»** — گرېك تىلىدا «جىن-ئىلاھلار» «جىنلار» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنەتتى. چۈنكى كۆپ گرېكلار جىنلار بىلەن ئىلاھلارنىڭ چوڭ پەرقى يوق، جىنلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرى بار، دەپ ئىشىنەتتى.

**بىلەن ياسالغان ئىبادەتخانىلاردا تۇرمايدۇ، [25]ياكى بىرەر نەرسىگە ھاجىتى چۈشكەندەك ئىنسانلارنىڭ قوللىرىنىڭ ئەجرىگە موھتاج ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇ ئۆزى ھەممە جانىۋارغا ھاياتلىق، نەپەس، شۇنداقلا ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىنى ئاتا قىلىدۇ. [26]ئۇ بىرلا ئادەمدىن ئىنسانىيەتتىكى بارلىق مىللەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇلارنى پۈتۈن يەر يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا خاس بولغان پەيت-پەسىللەر ھەمدە تۇرىدىغان جايلىرىنىڭ پاسىللىرىنى ئالدىن بەلگىلەپ بەردى. [27]بۇلارنىڭ مەقسىتى «ئىنسانلار مېنى ئىزدىسۇن، بەلكىم سىلاشتۇرۇپ تاپسۇن» دېگەنلىكتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھېچقايسىمىزدىن يىراق ئەمەس. [28]چۈنكى بىز ئۇنىڭدا ياشايمىز، ھەرىكەت قىلىمىز ۋە ئۇنىڭدا ۋۇجۇدىمىز باردۇر؛ ئاراڭلاردىكى بەزى شائىرلار ئېيتقىنىدەك: «بىز ئۇنىڭ نەسلىدۇرمىز!». [29]شۇڭا، خۇدانىڭ نەسلى بولغاچقا، بىز تەڭرى بولغۇچىنى ئالتۇن-كۈمۈش ياكى تاشتىن ياسالغان، ھۈنەرۋەننىڭ ماھارىتى ۋە تەسەۋۋۇرى بىلەن ئويۇلغان بىرەر نەرسىگە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىماسلىقىمىز كېرەك.**
**[30]شۇڭا خۇدا بۇرۇنقى زامانلاردىكىلەرنىڭ شۇنداق غەپلەتلىك ۋاقىتلىرىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلغىنى بىلەن، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ھەممىلا يەردە پۈتۈن ئىنسانلارنى گۇناھلىرىغا توۋا قىلىشقا**

---

**24:17** يار. 1:1؛ 2تار. 30:6؛ زەب. 6:33؛ 8:124؛ 6:146؛ يەش. 1:66؛ روس. 48:7؛ 15:14؛ ۋەھ. 7:14.

**25:17** يار. 7:2.

26:17 **«ئۇ بىرلا ئادەمدىن ئىنسانىيەتتىكى بارلىق مىللەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى»** — گرېك تىلىدا «ئۇ بىر قاندىن ئىنسانىيەتتىكى بارلىق مىللەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى». **«خۇدا... ئۇلارغا خاس بولغان پەيت-پەسىللەرنى.... ئالدىن بەلگىلەپ بەردى»** — «ئۇلارغا خاس بولغان پەيت-پەسىللەر» مەنىسى بەلكىم «ئۇلارنىڭ راۋاج تېپىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش ۋاقىتلىرى» دېگەندەك.

**26:17** قان. 8:32.

28:17 **«ئاراڭلاردىكى بەزى شائىرلار ئېيتقىنىدەك: «بىز ئۇنىڭ نەسلىدۇرمىز!»»** — شائىر ئاراتۇسنىڭ يازمىلىرىدىن ئېلىنغان (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 310-245 يىللاردا).

**29:17** يەش. 18:40.

ئەمر قىلماقتا! [31] چۈنكى ئۇ ئۆزى تىكلىگەن ئىنسان ئارقىلىق
پۈتكۈل دۇنيانى ھەققانىيلىق بىلەن سوراق قىلىدىغان بىر كۈننى
بەلگىلىدى؛ ئۇ ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەنلىكى بىلەن بۇ ئىشنىڭ
مۇقەررەر ئىكەنلىكىگە ئىسپات بەرگەندى.
[32] پاۋلۇسنىڭ «ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى» ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى
ئاڭلىغاندا بەزىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. يەنە بەزىلەر:
بۇ ئىش ھەققىدە سەندىن يەنە ئاڭلايلى، ــ دېدى.
[33] بۇنىڭ بىلەن، پاۋلۇس مەيداندىن چىقىپ كەتتى. [34] بىراق بەزىلەر
ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئېتىقاد قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئارېئوپاگۇس»
كېڭەشمە ھەيئەتلىرىدىن بىرى بولغان دىيونىسىيۇس ۋە داماris
ئىسىملىك بىر ئايال، شۇنىڭدەك باشقا بىرقانچە كىشىمۇ بار ئىدى.

## كورىنت شەھىرىدە

18 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن، پاۋلۇس ئافىنا شەھىرىدىن ئايرىلىپ
كورىنت شەھىرىگە باردى. [2] ئۇ ئۇ يەردە پونتۇس ئۆلكىسىدە
تۇغۇلغان ئاكۋىلا ئىسىملىك بىر يەھۇدىي بىلەن ئۇنىڭ ئايالى
پرىسكىللانى ئۇچراتتى. ئۇلار رىم ئىمپېراتورى كلاۋدىيۇسنىڭ بارلىق
يەھۇدىيلار رىم شەھىرىدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك، دېگەن يارلىقى
سەۋەبلىك يېقىندا ئىتالىيەدىن كەلگەنىدى. پاۋلۇس ئۇلار بىلەن تو
نۇشۇپ، [3] ئۇلار بىلەن كەسىپداش بولغاچقا، بىللە تۇرۇپ ئىشلىدى
(چۈنكى ئۇلار چېدىرچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى). [4] ھەربىر شابات

---

**30:17** لۇقا 47:24.

**2:18** رىم. 3:16؛ 1كور. 19:16؛ 2تىم. 19:4.

3:18 **«ئۇلار بىلەن كەسىپداش بولغاچقا، بىللە تۇرۇپ ئىشلىدى چۈنكى ئۇلار چېدىرچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى»** ــ پاۋلۇسنىڭ خەتلىرىدە، ئۆزى ۋە ھەمراھلىرىنىڭ جېنىنى بېقىش ئۈچۈن جامائەتلەرنىڭ قولىغا قارىماي، بەلكى ئۆز قولى بىلەن ئىشلىشىنى پات-پات تىلغا ئالىدۇ. مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ كەسپى چېدىرچىلىق ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ.

**3:18** روس. 34:20؛ 1كور. 12:4؛ 2كور. 9:11؛ 13:12؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېس. 8:3.

كۈنىدە ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگىغا كىرىپ، يەھۇدىيلار ۋە گرېكلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇلارنى خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى.
[5]بىراق سىلاس بىلەن تىموتىي ماكېدونىيەدىن كەلگەندىن كېيىن، پاۋلۇس سۆز-كالامنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى، جان كۆيدۈرۈپ يەھۇدىيلارغا: ــ ئەيسا ــ مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بەردى.
[6]لېكىن، ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ئۇنى ھاقارەتلىدى. بۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس پېشىنى قېقىپ، ئۇلارغا:
ئۆز قېنىڭلار ئۆز بېشىڭلارغا چۈشسۇن! مەن بۇنىڭغا جاۋابكار ئەمەسمەن! بۇگۈندىن باشلاپ، مەن سىلەردىن بۇرۇلۇپ يات ئەللىكلەرگە بارىمەن، ــ دېدى.
[7]بۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس ئۇلاردىن ئايرىلىپ، تىتىيۇس يۇستۇس ئىسىملىك، خۇدادىن قورققۇچى بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۆيى سىناگوگنىڭ يېنىدا ئىدى. [8]ئەمدى سىناگوگنىڭ چوڭى كرىسپۇس پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن رەبگە ئېتىقاد قىلدى. نۇرغۇن كورىنتلىقلارمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئېتىقاد قىلىپ

---

**4:18 «ھەربىر شابات كۈنىدە ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگىغا كىرىپ، يەھۇدىيلار ۋە گرېكلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇلارنى خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى»** ــ «مۇنازىرىلىشىپ ئۇلارنى خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى» دېگەن سۆزلەر گرېكچىدە پەقەت بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا» دېگەن سۆزلەرنى جۈملىنى چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كىرگۈزدۇق.

**6:18 «ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ...»** ــ ياكى «ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى چىقىپ...». **«بۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس پېشىنى قېقىپ...»** ــ گرېك تىلىدا «بۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس كىيىملىرىنى قېقىپ...». پاۋلۇسنىڭ «پېشىنى قېقىش»ى «سىلەرنىڭ خۇدانىڭ سۆز-كالامى بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار يوق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىشارەت ئىدى. **«ئۆز قېنىڭلار ئۆز بېشىڭلارغا چۈشسۇن»** ــ بۇ دېگەنلىك، سىلەر خۇدانىڭ نىجاتلىق يولىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئاقىۋىتىڭلارغا ئۆزۈڭلار جاۋابكار» دېگەن مەنىدە.

**6:18** مات. 14:10؛ روس. 51:13.

**7:18 «تىتىيۇس يۇستۇس ئىسىملىك، خۇدادىن قورققۇچى بىر كىشى»** ــ «خۇدادىن قورققۇچى» دېگەن ئىبارە توغرۇلۇق 26:13دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلدى.
[9]رەب كېچىدە پاۋلۇسقا بىر غايىبانە كۆرۈنۈش ئارقىلىق ۋەھيي
يەتكۈزۈپ ئۇنىڭغا:
قورقما، سۈكۈت قىلماي سۆزلە، [10]چۈنكى مەن سەن بىلەن بىللە.
ھېچكىم ساڭا قول سېلىپ زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى مېنىڭ بۇ
شەھەردە نۇرغۇن كىشىلىرىم بار، ــ دېدى.
[11]شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس ئۇ يەردە بىر يىل ئالتە ئاي تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى
كىشىلەر ئارىسىدا خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئۆگەتتى.
[12-13]ئەمما گاللىيو ئاخايا ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى بولغان ۋاقتىدا،
يەھۇدىيلار بىرلىشىپ پاۋلۇسنى تۇتۇپ گاللىيونىڭ «سوراق
تەختى»نىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن:
بۇ ئادەم كىشىلەرنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا
قايىل قىلىۋاتىدۇ! ــ دەپ شىكايەت قىلدى.
[14]پاۋلۇس ئاغزىنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ۋالىي گاللىيو يەھۇدىيلارغا:
دەرۋەقە، ئى يەھۇدىيلار، بۇ شىكايىتىڭلار بىرەر ناھەقلىق ياكى ئېغىر
جىنايەت توغرىسىدا بولغان بولسا، سەۋرچانلىق بىلەن سىلەرگە
قۇلاق سالسام ئورۇنلۇق بولاتتى. [15]بىراق بۇ ئىش پەقەت بەزى نام-
ئىسىملار، سۆزلەر ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ تەۋرات قانۇنىڭلار ئۈستىدە تالاش-
تارتىشلارغا چېتىشلىق ئىكەن، ئۇنى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار!
مەن بۇنداق ئىشلارغا سوراقچى بولمايمەن! ــ دېدى. [16]شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئۇلارنى سوراق تەختى ئالدىدىن ھەيدەپ چىقاردى.

---

8:18 **«نۇرغۇن كورىنتلىقلارمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئېتىقاد قىلىپ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلدى»** ــ «بۇ خەۋەر»: (1) سىناگوگنىڭ چوڭىنىڭ ئېتىقاد قىلغانلىقى ياكى (2) پاۋلۇسنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە بىرىنچى چۈشەنچە توغرىدۇر.

**8:18** 1كور. 14:1.

**9:18** روس. 11:23.

**13-12:18** **«ئاخايا ئۆلكىسى»** ــ گرېتسىيەنىڭ مۇھىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. گاللىيو شۇ ئۆلكىنىڭ ۋالىيسى بولغان ۋاقتى مىلادىيەدىن كېيىنكى 51-52-يىللار ئىدى.

[17] خالايىق سىناگوگنىڭ چوڭى سوستېنىسنى تۇتۇۋېلىپ، سوراق تەختىنىڭ ئالدىدا قاتتىق ئۇرغىلى تۇردى. بىراق ۋالىي گاللىيو بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى.

## پاۋلۇسنىڭ ئانتاكيا شەھىرىگە قايتىپ كېلىشى

[18] پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدە يەنە كۆپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قېرىنداشلار بىلەن خوشلىشىپ، پرىسكىللا ۋە ئاكۋىلالارنىڭ ھەمراھلىقىدا كېمىگە ئولتۇرۇپ، سۇرىيەگە قاراپ كەتتى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ كەنقرىيا شەھىرىدە خۇداغا ئىچكەن بىر قەسەمدىن چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدى. [19] ئۇلار ئەفەسۇس شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ پرىسكىللا ۋە ئاكۋىلانى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى شۇ يەردىكى سىناگوگقا كىرىپ، يەھۇدىيلار بىلەن مۇنازىرىلەشتى. [20] ئۇلار ئۇنى ئۇزۇنراق تۇرۇشقا تەلەپ قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇ قوشۇلماي، [21] «مەن قانداقلا بولمىسۇن كېلەر ھېيتنى يېرۇسالېمدا ئۆتكۈزىمەن؛ ئاندىن خۇدا بۇيرۇسا، سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا يەنە

---

**17:18 «خالايىق سىناگوگنىڭ چوڭى سوستېنىسنى تۇتۇۋېلىپ، سوراق تەختىنىڭ ئالدىدا قاتتىق ئۇرغىلى تۇردى»** — سوستېنىسنىڭ مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان ۋاقتى نامەلۇم («1كور.» 1:1نى كۆرۈڭ). يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى ئۇنداق ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس؛ ئۇ مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچى بولغانلىقتىن ياكى سىناگوگتىكىلەر ئۆز ئەرزىنىڭ نەتىجىسىز بولۇپ چىققانلىقىدىن خاپا بولۇپ، سىناگوگ رەئىسىدىن ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولسا كېرەك.

**18:18 «كەنقرىيا شەھىرى»** — كورىنتنىڭ پورت شەھىرى بولۇپ كورىنتتىن يەتتە كىلومېتر يىراقتا جايلاشقانىدى. **«يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ كەنقرىيا شەھىرىدە خۇداغا ئىچكەن بىر قەسەمدىن چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدى»** — پاۋلۇس نېمىشقا قەسەم قىلدى؟ ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىدىن: (1) ئۇ كورىنت شەھىرىدە شۇنچە كۆپ ئادەملەر خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن بولغان خۇشاللىقىدىن، خۇداغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن؛ (2) يەنە بىر قېتىم يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەدە تۇرۇۋاتقان يەھۇدىي خەلقنى خۇش خەۋەرگە قايىل قىلىشقا تىرىشىپ ئۇلارغا مۇشۇ قەسىمى ئارقىلىق ئۆزىنى «مانا مەن سىلەردەك خۇدادىن قورقىدىغان ئادەم» دەپ كۆرسىتىپ ئۇلارغا يېقىنلاشماقچى بولۇپ قەسەم قىلغان. بىز ئىككىنچى پىكىرگە مايىلمىز.

—بەزى ئالىملار قەسەم ئىچكۈچى ئاكۋىلادۇر، دەپ قارايدۇ.

**18:18** چۆل. 18:6؛ روس. 23:21.

كېلىمەن»، ــ دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئەفەسۇستىن كېمە بىلەن يولغا چىقتى.
[22]ئۇ قەيسەرىيە شەھىرىدە كېمىدىن چۈشۈپ، يېرۇسالېمغا چىقىپ جامائەت بىلەن ھال سوراشقاندىن كېيىن، ئانتاكيا شەھىرىگە چۈشۈپ كەتتى.
[23]ئانتاكيادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە يولغا چىقىپ گالاتىيا ۋە فرىگىيە يۇرتلىرىنى بىر-بىرلەپ ئارىلاپ، بارغانلا يېرىدە بارلىق مۇخلىسلارنىڭ ئېتىقادىنى قۇۋۋەتلىدى.

## ئاپوللوسنىڭ ئەفەسۇس ۋە كورىنت شەھەرلىرىدە تەلىم بېرىشى

[24]بۇ ئارىدا، ئىسكەندەرىيە شەھىرىدە تۇغۇلغان ئاپوللوس ئىسىملىك بىر يەھۇدىي ئەفەسۇس شەھىرىگە كەلدى. ئۇ ناتىق ئادەم بولۇپ، مۇقەددەس يازمىلاردىن خېلىلا چوڭقۇر ساۋاتى بار ئادەم ئىدى.
[25]ئۇ رەبنىڭ يولى توغرۇلۇق تەلىم ئالغان بولۇپ، ئوتلۇق روھ بىلەن ئەيسا ھەققىدە ئەينەن سۆزلەپ تەلىم بېرەتتى. بىراق ئۇنىڭ خەۋىرى پەقەت يەھيا پەيغەمبەرنىڭ يۈرگۈزگەن چۆمۈلدۈرۈشى بىلەن چەكلىنەتتى.

---

**21:18 «مەن قانداقلا بولمىسۇن كېلەر ھېيتنى يېرۇسالېمدا ئۆتكۈزىمەن»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە بۇ سۆزلەر تېپىلماي، پەقەت ««خۇدا بۇيرۇسا، مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا يەنە كېلىمەن»، ــ دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئەفەسۇستىن كېمە بىلەن يولغا چىقتى» دېيىلىدۇ.

**21:18** 1كور. 4:19؛ ئىبر. 6:3؛ ياق. 4:15.

**22:18 «ئۇ يېرۇسالېمغا چىقىپ جامائەت بىلەن ھال سوراشقاندىن كېيىن...»** ــ ئەنجىلدا «يېرۇسالېمغا بېرىش» گرېك تىلىدا دائىم دېگۈدەك پەقەت «يېرۇسالېمغا چىقىش» دەيتتى. يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈن يېرۇسالېمغا بېرىش «چىقىش»، ئۇنىڭدىن كېتىش «چۈشۈش» بىلەن بىلدۈرۈلەتتى. پاۋلۇس قەسىمىنى ئادا قىلىپ چىقىش ئۈچۈنمۇ يېرۇسالېمغا بېرىپ كېلىشى كېرەك.

**24:18 «ئۇ ... مۇقەددەس يازمىلاردىن خېلىلا چوڭقۇر ساۋاتى بار ئادەم ئىدى»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇ ... مۇقەددەس يازمىلاردا كۈچلۈك بىر ئادەم ئىدى».

**24:18** 1كور. 1:12.

**25:18 «ئۇنىڭ خەۋىرى پەقەت يەھيا پەيغەمبەرنىڭ يۈرگۈزگەن چۆمۈلدۈرۈشى بىلەن چەكلىنەتتى»** ــ دېمەك، ئاپوللوسنىڭ تەلىمى بەلكىم يەھيا پەيغەمبەرنىڭ «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى يېقىنلاشتى»، «مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرگۈچى، يەنى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ مېنىڭ كەينىمدىن كېلىدۇ» دېگەن سۆزلىرىدىن، شۇنداقلا «مەسىھ ناسارەتلىك ئەيسا ئىكەن»،

[26] ئۇ سىناگوگتا يۈرەكلىك سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنى ئاڭلىغان
پرىسكىللا بىلەن ئاكۋىلا ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا
خۇدانىڭ يولىنى تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈردى. [27] كېيىن، ئاپوللوس
ئاخايا ئۆلكىسىگە بارماقچى بولغاندا، ئەفەسۇسلۇق قېرىنداشلار
ئاخايادىكى مۇخلىسلارغا خەت يېزىپ، ئۇلاردىن ئاپوللوسنى
قارشى ئېلىشنى بەكمۇ تەلەپ قىلدى. ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ، خۇدانىڭ
مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق ئېتىقاد قىلغانلارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارغا
زور ياردەمدە بولدى. [28] چۈنكى ئۇ خەلق-ئالەم ئالدىدا يەھۇدىيلار
بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارغا كۈچلۈك رەددىيە بېرىپ، مۇقەددەس
يازمىلارنى شەرھلىشى بىلەن مەسىھنىڭ ئەيسا ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلاپ بەردى.

## پاۋلۇس ئەفەسۇس شەھىرىدە

19 [1] ئاپوللوس كورىنت شەھىرىدىكى ۋاقتىدا، پاۋلۇس سەپەر
قىلىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئەفەسۇس شەھىرىگە
كەلدى. ئۇ يەردە بەزى مۇخلىسلار بىلەن ئۇچرىشىپ، [2] ئۇلاردىن:

---

دېگەن مەلۇماتلاردىن تەركىب تاپقان بولسا كېرەك. ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلگىنى، تىرىلگەنلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇقەددەس روھنى ئاتا قىلىشى بىلەن يېڭى دەۋر باشلانغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرسىز قالغانىدى. 1:19-7 ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

**26:18 «پرىسكىللا بىلەن ئاكۋىلا ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ،...»** — ياكى «پرىسكىللا بىلەن ئاكۋىلا ئۇنى ئايرىم ئېلىپ،...».

27:18 **«كېيىن، ئاپوللوس ئاخايا ئۆلكىسىگە بارماقچى بولغاندا، ئەفەسۇسلۇق قېرىنداشلار ئاخايادىكى مۇخلىسلارغا خەت يېزىپ، ئۇلاردىن ئاپوللوسنى قارشى ئېلىشنى بەكمۇ تەلەپ قىلدى»** — باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: — «كېيىن، ئاپوللوسنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئاخايىدىكى مۇخلىسلارغا خەت يېزىپ، ئۇلاردىن ئاپوللوسنى قارشى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى».

**27:18** 1كور. 6:3.

**1:19 «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئەفەسۇس شەھىرىگە كەلدى»** — ياكى «ئېگىزلىكلەر ئارقىلىق ئەفەسۇس شەھىرىگە كەلدى».

**1:19** 1كور. 12:1.

**سىلەر ئېتىقاد قىلغىنىڭلاردا، مۇقەددەس روھ سىلەرگە ئاتا قىلىنغانمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.**
**ياق، بىز ھەتتا مۇقەددەس روھ بار دېگەننى زادى ئاڭلىماپتىكەنمىز، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.**
3 **پاۋلۇس يەنە:**
**ئۇنداقتا، سىلەر قانداق چۆمۈلدۈرۈلۈشتە چۆمۈلدۈرۈلگەنسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.**
**بىز يەھيا پەيغەمبەر يەتكۈزگەن چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلدۇق، ــ دېدى ئۇلار.**
4 **پاۋلۇس: ــ يەھيا پەيغەمبەر خەلققە يەتكۈزگەن چۆمۈلدۈلۈرۈش بولسا گۇناھلارغا توۋا قىلىشنى بىلدۈرىدىغان چۆمۈلدۈرۈلۈش بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزىدىن كېيىن كەلگۈچىگە، يەنى ئەيساغا ئېتىقاد قىلىش كېرەكلىكىنى تاپىلىغاندى، ــ دېدى.**

---

2:19 **«مۇقەددەس روھ سىلەرگە ئاتا قىلىنغانمۇ؟»** ــ گرېك تىلىدا: «مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟». **«ياق، بىز ھەتتا مۇقەددەس روھ بار دېگەننى زادى ئاڭلىماپتىكەنمىز»** ــ مۇشۇ جاۋابنىڭ مەنىسى بەلكىم «مۇقەددەس روھنىڭ ئاتا قىلىنغىنى ياكى مۇقەددەس روھنىڭ ئىنسانلارغا كەلگىنىنى ئاڭلىماپتىكەنمىز» دېگەندەك بولسا كېرەك.
3:19 **«ئۇنداقتا، سىلەر قانداق چۆمۈلدۈرۈلۈشتە چۆمۈلدۈرۈلگەنسىلەر؟»** ــ ياكى «ئۇنداقتا، سىلەر نېمە دەپ چۆمۈلدۈرۈلگەنسىلەر؟».
—ئېنىقكى، شۇ كىشىلەر ئەيسا مەسىھنىڭ نامىغا چۆمۈلدۈرۈلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنى چۆمۈلدۈرگۈچى ئېتىقادچى ئۇلارغا «خۇدا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇقەددەس روھنى سوۋغات قىلىپ ئاتا قىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى مەسىھدە بولغان خۇش خەۋەر دەل شۇكى: (1) مەسىھنىڭ قۇربانلىقى بىلەن ئېتىقادچى ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ (2) مەسىھنىڭ قۇربانلىقى بىلەن خۇدا ئېتىقادچى ئىنسانلارغا يېڭى بىر ھايات ئاتا قىلىدۇ؛ مۇشۇ ھايات مۇقەددەس روھنىڭ ئىنساننىڭ قەلبىدە ماكان قىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ. روسۇل پېترۇسنىڭ سۆزلىرىگە قاراڭ (2:38-39)، «1پېت.» 3:21 ۋە بۇ ئايەت توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىكى ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ. **«بىز يەھيا پەيغەمبەر يەتكۈزگەن چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلدۇق»** ــ ئۇلارنىڭ جاۋابىغا قارىغاندا، ئۇلار مەرھۇم يەھيا پەيغەمبەرنىڭ مۇخلىسلىرى ئىدى؛ مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇلار يەھيا پەيغەمبەرنىڭ توۋا قىلىشى ۋە سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش توغرۇلۇق تەلىملىرىنى ئاپوللوستىن ئاڭلىغانىدى.
**4:19** مات. 3:11؛ مار. 4:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 5:1؛ 16:11.

5 ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ، رەب ئەيسانىڭ نامىدا چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل
قىلدى. 6 پاۋلۇس قولىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇشى بىلەن،
مۇقەددەس روھ ئۇلارغا چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار نامەلۇم تىللاردا
سۆزلەشكە ھەم پەيغەمبەرلەرچە ۋەھىي-بېشارەتلەرنى يەتكۈزۈشكە
باشلىدى.
7 ئۇلار تەخمىنەن ئون ئىككى ئەركەك كىشى ئىدى.
8 پاۋلۇس ئۈچ ئاي داۋامىدا ئەفەسۇس شەھىرىدىكى سىناگوگقا
كىرىپ، يۈرەكلىك بىلەن سۆز قىلىپ، ئۇلار بىلەن خۇدانىڭ
پادىشاھلىقىدىكى ئىشلار توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ قايىل
قىلىشقا تىرىشتى. 9 لېكىن بەزىلىرى جاھىللىق قىلىپ ئىشىنىشنى
رەت قىلىپ، خالايىق ئالدىدا رەبنىڭ يولىغا ھاقارەت كەلتۈرگەندە،
پاۋلۇس ئۇلاردىن چىقىپ، مۇخلىسلارنىمۇ ئايرىپ چىقتى. ئۇ ھەركۈنى
تىراننۇس ئىسىملىك ئادەمنىڭ لېكسىيىخانىسىدا مۇنازىرە-
مۇزاكىرە ئۆتكۈزدى. 10 بۇ ئىش ئىككى يىل داۋاملاشتى. نەتىجىدە،
ئاسىيا ئۆلكىسىدىكى پۈتۈن خەلق، يەھۇدىيلار بولسۇن، گرېكلەر
بولسۇن ھەممەيلەن رەبنىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلىدى.

---

6:19 **«...مۇقەددەس روھ ئۇلارغا چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار نامەلۇم تىللاردا سۆزلەشكە ھەم پەيغەمبەرلەرچە ۋەھىي-بېشارەتلەرنى يەتكۈزۈشكە باشلىدى»** ــ مۇقەددەس روھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان «نامەلۇم (كارامەت) تىللاردا سۆزلەش» ئىلتىپاتى بىلەن كىشىلەر ئۆز سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەن ھالدا خۇداغا مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى جاكارلايدۇ («1كور.» 2:14نى كۆرۈڭ).

**6:19** روس. 8:17؛ 15:11.

9:19 **«خالايىق ئالدىدا رەبنىڭ يولىغا ھاقارەت كەلتۈرگەندە...»** ــ مۇشۇ يەردە «رەبنىڭ يولى» گرېك تىلىدا پەقەت «يول» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (چۈنكى ئېتىقادنىڭ نەزىرىدە پەقەت بىر يولىلا باردۇر. 2:9نىمۇ كۆرۈڭ). **«تىراننۇس ئىسىملىك ئادەمنىڭ لېكسىيىخانىسىدا مۇنازىرە-مۇزاكىرە ئۆتكۈزدى»** ــ «لېكسىيىخانا» ياكى «مەكتەپ»: بۇ بەلكىم پەلسەپە ئۆگىتىدىغان بىر مەكتەپ بولسا كېرەك. «مۇنازىرە-مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈش» ــ بەلكىم ئىشەنمىگەنلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىش (10-ئايەتنى كۆرۈڭ) ۋە ئىشەنگەنلەرگە كۆپرەك تەلىم بېرىش.

**9:19** 2تىم. 15:1.

10:19 **«يەھۇدىيلار بولسۇن، گرېكلەر بولسۇن...»** ــ دېمەك، «يەھۇدىيلار بولسۇن، يەھۇدىي

## سكېۋانىڭ ئوغۇللىرى

[11] خۇدا پاۋلۇسنىڭ قوللىرى ئارقىلىق كارامەت مۆجىزىلەرنى ياراتتى.
[12] كىشىلەر ھەتتا قول ياغلىق ۋە پەرتۇقلارنى پاۋلۇسنىڭ تېنىگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن كېسەللەرنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياپاتتى. نەتىجىدە، كېسەللەر ساقىيىپ، يامان روھلار ئۇلاردىن چىقىپ كېتەتتى.
[13] لېكىن شۇ ئەتراپتا يۈرىدىغان، «جىنكەش» يەھۇدىيلارنىڭ بەزىلىرىمۇ رەب ئەيسانىڭ نامىنى ئىشلىتىپ باققۇسى كېلىپ، جىن چاپلاشقانلار ئۈستىدە تۇرۇپ جىنلارغا: «پاۋلۇس جاكارلاۋاتقان ئەيسانىڭ نامىدىن ساڭا قاتتىق بۇيرۇق بېرىمەن!» دەيدىغان بولدى. [14] بۇ ئىشنى قىلىدىغانلارنىڭ ئارىسىدا سكېۋا ئىسىملىك بىر يەھۇدىي باش كاھىننىڭ يەتتە ئوغلىمۇ بار ئىدى. [15] لېكىن ئۇلار قوغلىۋەتمەكچى بولغان يامان روھ ئۇلارغا جاۋابەن:
ئەيسانى تونۇيمەن، پاۋلۇستىن خەۋىرىم بار، بىراق ئۆزۈڭلار كىم بولىسىلەر؟! ــ دېيدى، [16] يامان روھ چاپلىشىۋالغان كىشى ئۇلارغا ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ شاما قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ئۇلار يالىڭاچ ۋە يارىلانغان ھالدا ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.
[17] بۇ ئىش ئەفەسۇس شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان بارلىق يەھۇدىيلار ۋە گرېكلەرگىمۇ مەلۇم بولۇپ، قورقۇنچ ھەممىسىنى باستى ۋە رەب ئەيسانىڭ نامى ئۇلۇغلاندى. [18] نەتىجىدە، نۇرغۇن ئېتىقادچىلار بۇرۇنقى

---

ئەمەسلەر بولسۇن...».

**11:19** مار. 20:16؛ روس. 3:14.

**13:19** ««جىنكەش» يەھۇدىيلار» ــ مەخسۇس ئاتالمىش «جىن ھەيدەش قەسىپى» ئارقىلىق پۇل تاپىدىغانلار. **«ئەيسانىڭ نامىدىن ساڭا قاتتىق بۇيرۇق بېرىمەن!»** ــ گرېك تىلىدا: «...ئەيسانىڭ نامىدىن ساڭا قەسەم ئاستىدا بۇيرۇيمەن!».

**14:19 «بۇ ئىشنى قىلىدىغانلارنىڭ ئارىسىدا سكېۋا ئىسىملىك بىر يەھۇدىي باش كاھىننىڭ يەتتە ئوغلىمۇ بار ئىدى»** ــ ياكى «بۇ ئىشنى قىلغۇچىلار سكېۋا ئىسىملىك بىر يەھۇدىي باش كاھىننىڭ يەتتە ئوغلى ئىدى».

قىلغانلىرىنى ئىقرار قىلىپ، ئالدىغا چىقتى. [19] سېھىرگەرلىك قىلغانلاردىن نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ سېھىرگەرلىك كىتاب-پالناملىرىنى ئەكىلىپ بىر يەرگە دۆۋىلەپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ كىتابلارنىڭ قىممىتى جەمئىي ئەللىك مىڭ كۈمۈش تەڭگىگە يېتەتتى. [20] شۇنداق قىلىپ، رەبنىڭ سۆز-كالامى كۈچكە ئىگە بولۇپ، بەرق ئۇرۇپ ئۈستۈنلۈككە ئۆتتى.

## ئەفەسۇس شەھىرىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ

[21] بۇ ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، پاۋلۇس كۆڭلىدە، ماكېدونىيە ۋە ئاخايا ئۆلكىسىدىن ئۆتۈپ يېرۇسالېمغا بېرىشقا نىيەت باغلىدى. ئۇ: ــ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، رىم شەھىرىنى كۆرۈپ كېلىشىم كېرەك، ــ دېدى.

[22] شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىگە ياردەمدە بولۇۋاتقانلاردىن تىموتىي بىلەن ئېراستۇس ئىككىيلەننى ماكېدونىيەگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى يەنە بىر مەزگىل ئاسىيا ئۆلكىسىدە تۇردى.

[23] دەل شۇ چاغدا، ئەفەسۇس شەھىرىدە رەبنىڭ يولى توغرۇلۇق ئېغىر مالىماچىلىق كۆتۈرۈلدى. [24] ئالاھ ئىلاھ ئارتېمىسنى سۈرەتلەپ

---

**18:19** مات. 6:3.

**19:19** **«جەمئىي ئەللىك مىڭ كۈمۈش تەڭگە»** ــ بىر تەڭگىگە بىر قوي كېلەتتى. شۇڭا هازىرقى بويىچە جەمئىي ئىككى يېرىم مىليون دوللارغا باراۋەر ئىدى (2006).

**20:19** يەش. 11:55.

**21:19** **«پاۋلۇس كۆڭلىدە... نىيەت باغلىدى»** ــ گرېك تىلىدا «پاۋلۇس روھتا... نىيەت باغلىدى».

**21:19** رىم. 25:15؛ گال. 1:2.

**22:19** **«ئۇ ئۆزىگە ياردەمدە بولۇۋاتقانلاردىن تىموتىي بىلەن ئېراستۇس ئىككىيلەننى ماكېدونىيەگە ئەۋەتىۋېتىپ...»** ــ پاۋلۇسنىڭ شۇنىڭ مەقسىتى ئۇلارنىڭ بەلكىم ئۆزىنى كۈتۈش ئۈچۈن ۋە بەلكىم ئۆزىنىڭ بېرىشىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئىدى (1:20-3نى كۆرۈڭ).

**23:19** **«دەل شۇ چاغدا، ئەفەسۇس شەھىرىدە رەبنىڭ يولى توغرۇلۇق ئېغىر مالىماچىلىق كۆتۈرۈلدى»** ــ «رەبنىڭ يولى» گرېك تىلىدا پەقەت «يول» دېيىلىدۇ.

**23:19** 2كور. 8:1.

كۆمۈش تەكچە-ھەيكەللەرنى ياسىغۇچى دىمىترىي ئىسىملىك بىر زەرگەر بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھۈنەرۋەنلەرگە كۆپ پايدا تاپقۇزاتتى. [25] دىمىترىي ھۈنەرۋەنلەرنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باشقا ئۇستىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا:

بۇرادەرلەر، بىزنىڭ گۈللىنىشىمىزنىڭ بۇ ئىش بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر؛ [26] ھازىر ھېلىقى پاۋلۇسنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھەم كۆرگەن بولۇشۇڭلار كېرەك. ئۇ: «قول بىلەن ياسىۋالغان نەرسىلەر ئىلاھلار ئەمەس» دېيىش بىلەن، پەقەت ئەفەسۇستا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئاسىيا ئۆلكىسىدە دېگۈدەك نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، ئازدۇرۇپ بۇراۋاتىدۇ. [27] ئەمدى ھازىر بىزنىڭ بۇ سودىمىزغا بەتنام چاپلاش خەۋپى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۈيۈك ئايال ئىلاھ ئارتېمىسنىڭ بۇتخانىسىمۇ ئەرزىمەس دەپ قارىلىپ، ھەتتا ئاسىيا ئۆلكىسى ۋە پۈتكۈل جاھان ئىبادەت قىلىدىغان بۇ ئايال ئىلاھىمىزنىڭ شان-شەرىپىمۇ يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ! ــ دېدى.

[28] بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك غەزەپكە چۆمۈپ، قايتا-قايتا:

ئەفەسۇسلۇقلارنىڭ ئارتېمىسىمىز بۈيۈكتۇر! ــ دەپ چۇقان كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

[29] بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل شەھەرمالىماتاڭ بولۇپ كەتتى. خالايىق پاۋلۇسنىڭ سەپەرداشلىرىدىن ماكېدونىيەلىك گايۇس ۋە ئارىستارخۇسلارنى تۇتۇپ سۆرەپ، سىرك مەيدانىغا تەڭلا يوپۇرۇلۇپ

**24:19** روس. 16:16.

**26:19** زەب. 4:115؛ يەر. 3:10.

27:19 **«پۈتكۈل جاھان ئىبادەت قىلىدىغان بۇ ئايال ئىلاھىمىزنىڭ شان-شەرىپىمۇ يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ!»** ــ دىمىترىينىڭ «ئايال ئىلاھىمىزنىڭ شان-شەرىپى» دېگەن سۆزى بەلكىم ئارتېمىسنىڭ ھەيۋەتلىك بۇتخانىسىنىمۇ كۆرسەتمەكچى بولۇشى مۇمكىن.

**ماڭدى. [30]پاۋلۇس خالايىق ئارىسىغا كىرمەكچى بولغانىدى، لېكىن مۇخلىسلار ئۇنىڭ كىرىشىگە يول قويمىدى. [31]ھەتتا پاۋلۇسنىڭ دوستلىرى بولغان ئۆلكە ئەمەلدارلىرىدىن بەزىلىرىمۇ ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنى سېرك مەيدانىغا بېرىشقا تەۋەككۈل قىلماسلىققا جېكىلىدى.**

**[32]ئەمدى بەزىلەر بۇنى دەپ ۋارقىرىسا، بەزىلەر ئۇنى دەپ ۋارقىرىشىپ، پۈتۈن سورۇن ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولدى؛ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە يىغىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. [33]يەھۇدىيلار ئىسكەندەر ئىسىملىك ئادەمنى ئالدىغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋىدى، كۆپچىلىك ئۇنى ئالدىغا تۇرغۇزدى. ئىسكەندەر كۆپچىلىككە قول ئىشارىتى قىلىپ، يەھۇدىيلارنى ئاقلىماقچى بولدى. [34]بىراق كۆپچىلىك ئۇنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ھەممىسى تەڭلا:**

**ئەفەسۇسلۇقلارنىڭ ئارتېمىسىمىز بۈيۈكتۇر! — دەپ ئىككى سائەتچە چۇقان كۆتۈرۈپ تۇرۇشتى. [35]ئاخىردا، شەھەرنىڭ باش مىرزىسى خالايىقنى تىنچلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:**

**ئەي ئەفەسۇسلۇقلار! بىز ئەفەسۇسلۇقلارنىڭ شەھىرىنىڭ بۈيۈك ئارتېمىسنىڭ بۇتخانىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن**

---

29:19 **«خالايىق ... گايۇس ۋە ئارىستارخۇسلارنى تۇتۇپ سۆرەپ، سېرك مەيدانىغا تەڭلا يۇپۇرۇلۇپ ماڭدى»** — ئارتېمىسنىڭ «بۈيۈك بۇتخانىسى» يوقاپ كەتتى، ئەمما بۇ سېرك مەيدانى بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇت، ئۇنىڭغا 25000 كىشى سىغىدۇ.

**29:19** روس. 4:20؛ 2:27؛ كول. 10:4.

33:19 **«كۆپچىلىك ئۇنى ئالدىغا تۇرغۇزدى»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «كۆپچىلىك بۇ ئىش ئۇنىڭغا باغلىق دەپ ئويلىدى» دېيىلىدۇ.

34:19 **«بىراق كۆپچىلىك ئۇنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ھەممىسى تەڭلا: — ئەفەسۇسلۇقلارنىڭ ئارتېمىسىمىز بۈيۈكتۇر! — دەپ ئىككى سائەتچە چۇقان كۆتۈرۈپ تۇرۇشتى»** — خالايىق ئىسكەندەرنى پاۋلۇس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەم، نېمىلا بولمىسۇن يەھۇدىي بولغاچقا، بۇتپەرەسلىككە قارشى بولسا كېرەك، دېگەن ئويدا بولغان بولسا كېرەك.

سۈرىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىم بار!
[36] بۇ ئىشلارنى ئىنكار قىلالمىغانىكەن، ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىشىڭلار، باشباشتاقلىق قىلماسلىقىڭلار كېرەك. [37] چۈنكى سىلەر بۇ كىشىلەرنى بۇ يەرگە سوراققا تارتىشقا ئېلىپ كەلدىڭلار؛ لېكىن ئۇلار يا بۇتخانىلارنى بۇلىغۇچىلار يا بىزنىڭ ئايال ئىلاھىمىزغا كۇپۇرلۇق قىلغۇچىلاردىن ئەمەس. [38] ئەگەر دېمېترىي ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۈستىدىن شىكايىتى بولسا، سوراقخانىلار ئوچۇق تۇرماقتا ۋە سوراقچى ۋالىيلارمۇ بار. ئۇلار شۇ يەرلەردە بىر-بىرى بىلەن دەۋالاشسۇن؛ [39] ۋە باشقا بىرەر مەسىلىلىرىڭلار بولسا، رەسمىي سورۇندا بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم. [40] بىز ئەمدى يەنە بۈگۈنكى ۋەقەنى توپىلاڭ دەپ ئەرز قىلىنىش خەۋپىدە تۇرۇۋاتىمىز؛ چۈنكى بۇ مالىمانچىلىقنىڭ ھېچ سەۋەبى كۆرسىتىلمىگەچكە، ھېسابىنىمۇ بېرەلمەيمىز-دە!
[41] بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئۇ يىغىلغان خالايىقنى تارقىتىۋەتتى.

## پاۋلۇسنىڭ ماكېدونىيە ۋە يۇنانغا قايتا بېرىشى

20 [1] توپىلاڭ بېسىققاندىن كېيىن، پاۋلۇس مۇخلىسلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈردى ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ماكېدونىيەگە قاراپ كەتتى. [2] ئۇ شۇ ئەتراپتىكى يۇرتلارنى ئارىلاپ، ئېتىقادچىلارنى نۇرغۇن سۆز-تەلىملەر بىلەن رىغبەتلەندۈرگەندىن كېيىن، يۇنانغا بېرىپ، [3] ئۇ يەردە ئۈچ ئاي

---

35:19 **«ئارتېمىسنىڭ ... ئاسماندىن چۈشكەن سۈرىتى...»** — ياكى «ئارتېمىسنىڭ ... ئاسماندىن چۈشكەن تېشى...».
1:20 **«پاۋلۇس مۇخلىسلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈردى ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ...»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «پاۋلۇس مۇخلىسلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى قۇچاقلاپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ،...» دېگەن سۆز دېيىلىدۇ.
2:20 **«يۇنان»** — ياكى «گرېتسىيە».

تۇردى. پاۋلۇس كېمىگە ئولتۇرۇپ سۇرىيەگە ماڭاي دەپ تۇرغاندا،
يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى بىلىنىپ قېلىپ،
ماكېدونىيە ئارقىلىق قۇرۇقلۇق بىلەن قايتىپ كېتىش قارارىغا
كەلدى. [4]ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانلار بېرىيالىق پىررۇسنىڭ ئوغلى
سوپاتېر، تېسالونىكالىقلاردىن ئارىستارخۇس بىلەن سېكۇندۇس،
دەربەلىك گايۇس، تىموتىي ۋە ئاسىيا ئۆلكىسىدىن تىكىكۇس بىلەن
تروفىمۇسلار ئىدى. [5]ئۇلار ئاۋۋال تروئاس شەھىرىگە بېرىپ، بىزنىڭ
يېتىپ بېرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇردى. [6]بىز بولساق «پېتىر نان ھېيتى»
كۈنلىرىدىن كېيىن، فىلىپپى شەھىرىدىن كېمىگە ئولتۇرۇپ، بەش
كۈندىن كېيىن تروئاسقا كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇق ۋە ئۇ يەردە
يەتتە كۈن تۇردۇق.
[7]ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى، بىز نان ئوشتۇشقا جەم بولغاندا، پاۋلۇس
ئەتىسى كەتمەكچى بولغاچقا، جامائەتكە سۆز قىلىشقا باشلىدى؛
ئۇ سۆزىنى تۈن يېرىمىغىچە ئۇزارتتى. [8]بىز جەم بولغان يۇقىرىقى
قەۋەتتىكى ئۆيدە نۇرغۇن قارا چىراغلار يېنىپ تۇراتتى. [9]ئەۋتىكۇس
ئىسىملىك بىر يىگىت دېرىزىدە ئولتۇرغانىدى. پاۋلۇس سۆزلەپ
خېلى بىر يەرگە بارغاندا، ئۇنى مۈگدەك بېسىۋاتقانىدى. ئاندىن ئۇ
غەرق ئۇيقۇغا كېتىپ، ئۇ ئۈچىنچى قەۋەتتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.
كۆپچىلىك ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈپ قارىسا، ئۇ ئۆلۈپ بولغانىدى.

---

**4:20** روس. 19:29؛ 21:29؛ 27:2؛ 1كور. 1:14؛ ئەف. 6:21؛ كول. 4:7، 10؛ 2تىم. 4:12؛ تىت. 3:12.

5:20 **«ئۇلار ئاۋۋال تروئاس شەھىرىگە بېرىپ...»** ــ بەلكىم كېمىدە. **«...بىزنىڭ يېتىپ بېرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇردى»** ــ «بىز» لۇقانىڭ يەنە پاۋلۇس بىلله بىلەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

7:20 **«ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈن»** ــ يەنى «يەكشەنبە كۈنى». **«بىز نان ئوشتۇشقا جەم بولغاندا»** ــ «نان ئوشتۇش»: ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن نان ئوشتۇلىدۇ («كورىنتلار (1)» 11:20-34نى كۆرۈڭ).

8:20 **«بىز جەم بولغان يۇقىرىقى قەۋەتتىكى ئۆيدە نۇرغۇن قارا چىراغلار يېنىپ تۇراتتى»** ــ بۇ چىراغلارنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىنىڭ ئۆينى قاپلىشى بىلەن 9-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئەۋتىكۇسنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىغا تەسىر يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن.

[10] پاۋلۇس پەسكە چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ، قۇچاقلاپ تۇرۇپ:
ئازابلانماڭلار، ئۇ تىرىككەن! ــ دېدى. [11] قايتىدىن ئۈيگە چىقىپ، ناننى ئوشتۇپ يېگەندىن كېيىن، پاۋلۇس ئۇلار بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇزۇن سۆزلەشتى ۋە ئۇ بۇ يەردىن يولغا چىقتى. [12] ترويئاستىكىلەر بولسا ھېلىقى يىگىتنى ئۆيىگە ھايات ئاپىرىپ قويدى. ئۇلار بۇنىڭدىن چەكسىز تەسەللى تاپتى.

## پاۋلۇسنىڭ ئەفەسۇس ئاقساقاللىرى بىلەن خوشلىششى

[13] بىز بولساق پاۋلۇستىن بۇرۇن ئاسسوس شەھىرىگە كېمە بىلەن باردۇق. چۈنكى پاۋلۇس شۇ يەرگە پىيادە باراي، سىلەر مەندىن ئاۋۋال يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە مېنى كېمىگە ئېلىۋېلىشنى كۈتۈڭلار، دەپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. [14] ئاسسوستا ئۇ بىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بىز ئۇنى كېمىگە ئېلىپ مىتۇلىن شەھىرىگە كەلدۇق. [15] ئاندىن شۇ يەردىن چىقىپ، ئەتىسى خىيوس ئارىلىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تۇردۇق. ئۈچىنچى كۈنى ساموس ئارىلىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە تروگىلىيئۇم شەھىرىدە قوندۇق؛ ئۇنىڭ ئەتىسى مىلېتۇس شەھىرىگە باردۇق. [16] چۈنكى پاۋلۇس ئاسىيا ئۆلكىسىدە كۆپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، دېڭىز سەپىرىدە ئەفەسۇستا توختىماي ئۆتۈپ كېتىشنى قارار قىلغانىدى. سەۋەبى، ئۇ «ئورما ھېيتى» كۈنىنى مۇمكىنقەدەر

---

**10:20** 1پاد. 21:17؛ 2پاد. 34:4.

**12:20 «ئۇلار بۇنىڭدىن چەكسىز تەسەللى تاپتى»** ــ ئەينى گرېك تېكىستى: «ئۇلار تاپقان تەسەللى ئاز ئەمەس ئىدى».

**15:20 «ۋچىنچى كۈنى ساموس ئارىلىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە تروگىلىيئۇم شەھىرىدە قوندۇق...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «تروگىلىيئۇم شەھىرىدە قوندۇق» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ. **«ئەتىسى خىيوس ئارىلىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ... ئۈچىنچى كۈنى ساموس ئارىلىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە تروگىلىيئۇم شەھىرىدە قوندۇق؛ ئۇنىڭ ئەتىسى مىلېتۇس شەھىرىگە باردۇق»** ــ بۇ سەپەر يولى ئەتەي ئەفەسۇس شەھىرىدىن ئۆتكەندى (16-ئايەتنى كۆرۈڭ).

يېرۇسالېمدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. [17] ئەمدى مىلېتۇس
شەھىرىدىن ئەفەسۇسقا ئادەم ئەۋەتىپ، جامائەتتىكى ئاقساقاللارنى
چاقىردى. [18] ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
مەن ئاسىيا ئۆلكىسىگە ئاياغ باسقان بىرىنچى كۈندىن تارتىپ،
سىلەر بىلەن قانداق ئۆتكەنلىكىم ھەربىرىڭلارغا مەلۇم. [19] رەببىنىڭ
خىزمىتىدە ھەرتەرەپتە كەمتەربولۇپ، كۆزياشلىرىم تۆكۈلگەنلىكىنى،
شۇنداقلا يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرى تۈپەيلىدىن بېشىمدىن
ئۆتكەن سىناقلاردا چىدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر، [20] ۋە يەنە مەيلى
ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن ياكى ئۆي-ئۆيلەردە بولسۇن، سىلەرگە
تەلىم بەرگىنىمدە، سىلەرگە پايدىلىق بولسىلا ھېچنېمىنى ئايىماي
جاكارلاپ، [21] يەھۇدىيلار ھەم گرېكلەرگىمۇ خۇدا ئالدىدا توۋا قىلىش ۋە
رەببىمىز ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىش كېرەكلىكىگە گۇۋاھلىق
بېرىپ جېكىلىگەنلىكىم ھەممىڭلارغا مەلۇم.
[22] ھازىر مانا، روھتا باغلانغان ھالدا يېرۇسالېمغا كېتىۋاتىمەن. ئۇ
يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بېشىمغا چۈشىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن؛
[23] پەقەت شۇنى بىلىمەنكى، مۇقەددەس روھ مەن بارغانلا شەھەرلەردە
زىندان كىشەنلىرى ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ مېنى كۈتۈپ
تۇرىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېنىق ئېيتىپ كەلمەكتە. [24] لېكىن مەن ئۆز
مۇساپەمنى تاماملىشىم، رەب ئەيسادىن تاپشۇرۇۋالغان خىزمەتنى
ئادا قىلىشىم، يەنى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى توغرىسىدىكى خۇش

---

**16:20 «ئورما ھېيتى»** ــ تەۋراتتا يەھۇدىي خەلقىگە بېكىتىلگەن تۆتىنچى ھېيت؛ ئۇ ھېيت «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دىن ئەللىك كۈن كېيىن بولغاچقا، گرېك تىلىدا «ئەللىكىنچى ھېيت»مۇ دېيىلىدۇ. ھازىرقى كالېنداردىكى ۋاقىت بەلكىم 5-ئاي ئىدى. «لاۋ.» 23-بابنى كۆرۈڭ.

**16:20** روس. 4:21، 12.

**21:20** مات. 2:3؛ مار. 15:1؛ لۇقا 47:24.

**22:20 «مانا، روھتا باغلانغان ھالدا يېرۇسالېمغا كېتىۋاتىمەن»** ــ «روھتا باغلانغان ھالدا» ــ ئۇنى قوزغايدىغان بۇ تەسىرنىڭ ئۆز روھىدا ياكى مۇقەددەس روھتا بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. پاۋلۇسنىڭ بۇ نىيىتى بۇ ئىشتا توغرا ياكى توغرا ئەمەس؟ 4:21-ئايەتتىكى خەۋەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇ قەتئىي نىيىتى توغرا ئەمەس، دەپ ئويلاشقا مايىل بولىمىز.

خەۋەرنىڭ تولۇق گۇۋاھچىسى بولۇشۇم ئۈچۈن، ئۆز ھاياتىمنى قىلچە
ئايىمايمەن. 25 مەن سىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ھەممىڭلار ئارىسىدا
يۈرۈپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى جاكارلىدىم؛ ئەمدى مانا ماڭا
مەلۇمكى، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەردىن ھېچكىم يۈزۈمنى قايتا كۆرەل
مەيسىلەر. 26 شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سىلەرگە گۇۋاھلىق قىلىپ ئېيتىپ
قويايكى، مەن ھېچبىرىڭنىڭ قېنىغا قەرزدار ئەمەسمەن. 27 چۈنكى مەن
خۇدانىڭ تولۇق مەقسەت-ئىرادىسىنى قىلچە ئېلىپ قالماي سىلەرگە
بايان قىلىپ يەتكۈزۈشتىن باش تارتمىدىم. 28 مۇقەددەس روھ سىلەرنى
خۇدانىڭ جامائىتىنى بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىسى ئىچىدە يېتەكچى
قىلىپ تىكلىگەندى؛ ئەمدى ئۆزۈڭلارغا ھەم ئۆز ئوغلىنىڭ قېنى
بىلەن سېتىۋالغان بارلىق پادىسىغا سەگەك بولۇڭلار! 29 چۈنكى
ماڭا ئايانكى، مەن كەتكەندىن كېيىن، چىلبۆرىلەر ئاراڭلارغا
كىرىپ، پادىنى ھېچ ئايىمايدۇ، 30 ھەمدە ھەتتا ئاراڭلاردىنمۇ بەزىلەر
مۇخلىسلارنى ئۆزلىرىگە تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەقىقەتنى بۇرمىلىغان
تۇرلۇك ئىشلارنى سۆزلەيدۇ. 31 شۇڭا، سەگەك بولۇڭلار، مېنىڭ ئۈچ يىل
كېچە-كۈندۈز دېمەي، ھەربىرىڭلارغا كۆز ياشلىرىم بىلەن توختىماي
نەسىھەت بېرىپ تۇرغانلىقىمنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار.

---

**24:20** روس. 13:21؛ گال. 1:1؛ تىت. 3:1.

25:20 **«مەن سىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ھەممىڭلار ئارىسىدا يۈرۈپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى جاكارلىدىم»** ــ مۇشۇ يەردە «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى» گرېك تىلىدا پەقەت «پادىشاھلىق» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

26:20 **« سىلەرگە گۇۋاھلىق قىلىپ ئېيتىپ قويايكى، مەن ھېچبىرىڭنىڭ قېنىغا قەرزدار ئەمەسمەن»** ــ دېمەك، «ئاراڭلاردا ھەرقانداق بىر كىشى خۇش خەۋەر ئاڭلاش پۇرستى بولماي، قۇتقۇزۇلمىغان بولسا مەن بۇنىڭغا جاۋابكار ئەمەسمەن» دېگەندەك.

28:20 **«خۇدانىڭ... ئۆز ئوغلىنىڭ قېنى بىلەن سېتىۋالغان بارلىق پادىسى»** ــ «ئۆز ئوغلىنىڭ قېنى بىلەن» گرېك تىلىدا «ئۆزىنىڭكىنىڭ قېنى بىلەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**28:20** ئەف. 7:1؛ كول. 14:1؛ 1پېت. 19:1؛ 2:5؛ ۋەھ. 9:5.

**29:20** 2پېت. 1:2.

**30:20** زەب. 9:41؛ مات. 21:16؛ روس. 17:1؛ 1يۇھ. 19:2.

## روسۇل پاۋلۇسنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان 3-سەپىرى




[32] ئەمدى مەن سىلەرنى خۇداغا ۋە ئۇنىڭ مېھىر-شەپقەت يەتكۈزىدىغان سۆز-كالامىغا تاپشۇرىمەن. بۇ سۆز-كالام ئېتىقادىڭلارنى قۇرۇشقا ھەم پاك-مۇقەددەس قىلىنغان بارلىق خەلقى ئارىسىدا ئىلتىپات قىلىنىدىغان مىراستىن سىلەرنى نېسىپ قىلىشقا قادىردۇر. [33] مەن ھېچقاچان ھېچكىمدىن كىيىم-كېچەك ياكى ئالتۇن-كۈمۈش تاما قىلىپ باقمىغانمەن. [34] سىلەرگە مەلۇمكى، مەن ئىككى بىلىكىمگە تايىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ۋە ھەمراھلىرىمنىڭ ھاجىتىدىن چىقتىم. [35] بۇنداق قىلىپ ھەربىر ئىشلاردا مەن سىلەرگە مۇشۇنداق ئەجىر-

---

32:20 **«بۇ سۆز-كالام ئېتىقادىڭلارنى قۇرۇشقا ... قادىردۇر»** — سىلەرنىڭ «ئېتىقادىڭلارنى قۇرۇش» گرېك تىلىدا پەقەت «سىلەرنى قۇرۇش» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**33:20** 1كور. 12:9؛ 2كور. 9:11؛ 13:12.

**34:20** روس. 3:18؛ 1كور. 12:4؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېس. 8:3.

ئەمگەك ئارقىلىق ئاجىز-ھاجەتمەنلەرگە ياردەم بېرىش لازىملىقىنى، شۇنداقلا رەب ئەيسا ئۆزى ئېيتقان: «بەرمەك ئالماقتىنمۇ بەختلىكتۇر» دېگىنىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماسلىقىڭلار كېرەكلىكىنى كۆرسەتتىم.
[36] بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئۇ ھەممەيلەن بىلەن بىرلىكتە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى. [37] ھەممەيلەن قاتتىق يىغلىشىپ كەتتى؛ پاۋلۇسنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قۇچاقلاپ، قىزغىن سۆيۈشتى. [38] ئۇلارنى ئەڭ ئازابلىغىنى پاۋلۇسنىڭ، «بۇنىڭدىن كېيىن يۈزۈمنى قايتا كۆرەلمەيسىلەر» دېگەن سۆزى بولدى. كېيىن، ئۇلار ئۇنى كېمىگە چىقىرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

## پاۋلۇسنىڭ يېرۇسالېمغا بېرىشى

21 [1] ئاندىن بىز ئۇلاردىن ئاجرىلىپ چىققاندىن كېيىن، كېمە بىلەن ئۇدۇل قوس ئارىلىغا قاراپ يول ئالدۇق. ئەتىسى، رودوس ئارىلىغا، ئۇ يەردىن پاتارا شەھىرىگە باردۇق. [2] پاتارادا فەنىكىيە رايونىغا بارىدىغان بىر كېمىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. [3] سىپرۇس ئارىلى كۆرۈنگەندىن كېيىن، ئۇنى سول تەرىپىمىزدە قالدۇرۇپ ئۆتۈپ، سۇرىيەگە قاراپ مېڭىپ، تۇر شەھىرىدە قۇرۇقلۇققا چىقتۇق. چۈنكى كېمە بۇ يەردە يۈك چۈشۈرمەكچى ئىدى. [4] ئۇ يەردە مۇخلىسلارنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا يەتتە كۈن تۇردۇق. ئۇلارغا مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھيىسى كېلىپ، ئۇلار پاۋلۇسقا

36:20 روس. 5:21.
1:21 **«ئاندىن بىز ئۇلاردىن ئاجرىلىپ چىققاندىن كېيىن، كېمە بىلەن ئۇدۇل قوس ئارىلىغا قاراپ يول ئالدۇق. ئەتىسى، رودوس ئارىلىغا، ئۇ يەردىن پاتارا شەھىرىگە باردۇق»** — بۇ ئايەتتىكى «بىز»، «ئالدۇق» ۋە «باردۇق» دېگەن سۆزلەرگە قارىغاندا، لۇقا يەنە پاۋلۇسقا ھەمراھ بولدى.
3:21 **«ئۇنى ، يەنى سىپرۇس ئارىلىنى سول تەرىپىمىزدە قالدۇرۇپ ئۆتۈپ...»** — دېمەك، «ئۇنىڭ جەنۇبىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ...».

ئايىغىنىڭ يېرۇسالېمغا باسمىسۇن، دەپ نەسىھەت قىلدى. [5]بىراق بىز
ئۇ يەردە تۇرۇش ۋاقتىمىز توشقاندا، سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى، جۈملىدىن خوتۇن-بالىلىرى بىزنى شەھەرنىڭ
سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ھەممىمىز دېڭىز بويىدا تىزلىنىپ
ئولتۇرۇپ بىللە دۇئا قىلدۇق. [6]قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن،
بىز كېمىگە چىقتۇق، ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىشتى.
[7]تۇر شەھىرىدىن دېڭىز سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا
پىتولېمايىس شەھىرىگە كەلدۇق. ئۇ يەردىكى قېرىنداشلار بىلەن
كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر كۈن تۇردۇق. [8]ئەتىسى، ئۇ يەردىن
ئايرىلىپ، قەيسەرىيە شەھىرىگە كەلدۇق. بىز بۇرۇن يېرۇسالېمدىكى
«يەتتە خىزمەتكار»دىن بىرى بولغان، خۇش خەۋەرچى فىلىپنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ قوندۇق. [9]بۇ كىشىنىڭ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان،
بېشارەت-ۋەھىيلەرنى يەتكۈزىدىغان تۆت قىزى بار ئىدى. [10]بىز ئۇ
يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئاگابۇس ئىسىملىك بىر
پەيغەمبەر يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىن چۈشتى. [11]بۇ كىشى بىزنىڭ
ئالدىمىزغا كېلىپ، پاۋلۇسنىڭ بەلۋېغىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ
پۇت-قولىنى باغلاپ:

---

**4:21 «ئۇلارغا مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھىيسى كېلىپ، ئۇلار پاۋلۇسقا ئايىغىنىڭ يېرۇسالېمغا باسمىسۇن، دەپ نەسىھەت قىلدى»** — «نەسىھەت قىلاتتى» دېگەنلىكنىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى «نەسىھەت قىلاتتى».

— —مۇقەددەس روھ ئۇلارغا پاۋلۇسنىڭ يېرۇسالېمدا تارتىدىغان ئازابلىرىدىن خەۋەر بەرگەنىدى. ئۇ ئاللىقاچان باشقا يەرلەردىكى مۇخلىسلاردىن مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان (23:20). لېكىن مۇشۇ يەردە مۇقەددەس روھنىڭ ئۇنىڭغا «بارمىسۇن» دېگەن سۆزىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ يېرۇسالېمغا بېرىشى خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەس، دەپ ئويلاشقا مايىلمىز.

**4:21** روس. 23:20؛ 12:21.

**8:21 «بىز بۇرۇن يېرۇسالېمدىكى «يەتتە خىزمەتكار»دىن بىرى بولغان، خۇش خەۋەرچى فىلىپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قوندۇق»** — يېرۇسالېمدىكى «يەتتە خىزمەتكار» — 6-بابنى كۆرۈڭ

**8:21** روس. 5:6؛ 29:8.

**9:21** يو. 28:2-29؛ روس. 17:2.

**10:21** روس. 28:11.

مۇقەددەس روھ مۇنداق دەيدۇ: ــ يەھۇدىيلار بۇ بەلۋاغنىڭ ئىگىسىنى
يېرۇسالېمدا مۇشۇنداق باغلاپ، يات ئەللىكلەرنىڭ قولىغا
تاپشۇرىدۇ! ــ دېدى.
[12] بۇلارنى ئاڭلاپ، ھەم بىز ھەم شۇ يەرلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە
پاۋلۇستىن يېرۇسالېمغا بارمىغىن دەپ ئۆتۈندۇق. [13] لېكىن پاۋلۇس
جاۋابەن:
سىلەر نېمىشقا بۇنچىۋالا يىغلاپ، يۈرىكىمنى ئېزىسىلەر؟ مەن
يېرۇسالېمدا رەب ئەيسانىڭ نامى ئۈچۈن تۇتقۇن بولۇشلا ئەمەس، شۇ
يەردە ئۆلۈشكىمۇ تەييارمەن، ــ دېدى.
[14] بىز ئۇنى قايىل قىلالماي، ئاخىرىدا سۈكۈت قىلىپ:
رەبنىڭ ئىرادىسى ئادا قىلىنسۇن! ــ دېدۇق.
[15] بۇ كۈنلەردىن كېيىن، يۈك-تاقىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، يېرۇسالېمغا
چىقىپ باردۇق. [16] قەيسەرىيەلىك مۇخلىسلاردىن بىرنەچچىسى بىز
بىلەن سەپەرداش بولدى؛ ئۇلار مىناسون ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ
ئۆيىدە قونىمىز دەپ ئۇنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى؛ بۇ كىشى سىپرۇسلۇق،
قېرى مۇخلىس ئىدى.

---

11:21 **«يەھۇدىيلار بۇ بەلۋاغنىڭ ئىگىسىنى يېرۇسالېمدا مۇشۇنداق باغلاپ، يات ئەللىكلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ!»** ــ 21-36ئايەتلەرنى كۆرۈڭ. پاۋلۇس رىملىقلارنىڭ سورىقىغا تارتىلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز ئادەملىرىدىن بىرىنى يات ئەللىك كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشى ئۆزلىرىگە بەك ئۇياتلىق ئىش بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پاۋلۇسقا بولغان ئۆچمەنلىكى ناھايىتى ئېنىق تۇرىدۇ.

**11:21** روس. 23:20؛ 33:21.

**14:21** مات. 10:6؛ لۇقا 2:11؛ 42:22.

16:21 **«ئۇلار مىناسون ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە قونىمىز دەپ ئۇنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى؛ بۇ كىشى سىپرۇسلۇق، قېرى مۇخلىس ئىدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: ــ «ئۇلار بىزنى (يېرۇسالېمدىكى) ئۆيىدە كۈتمەكچى بولغان مىناسون ئىسىملىك بىر سىپرۇسلۇقنى بىز بىلەن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى».

## پاۋلۇسنىڭ ياقۇپ بىلەن كۆرۈشۈشى

[17] يېرۇسالېمغا يەتكەندە قېرىنداشلار بىزنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. [18] ئەتىسى، پاۋلۇس بىز بىلەن بىللە ياقۇپنى كۆرگىلى باردى. ياقۇپ بىلەن ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەرگە يىغىلغانىدى. [19] پاۋلۇس ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق ئەللەر ئارىسىدا قىلغان ئىشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۇلارغا تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى. [20] بۇلارنى ئاڭلىغاندا، ئۇلار خۇداغا مەدھىيە ئوقۇدى، ئاندىن پاۋلۇسقا:

كۆرۈۋاتىسەن، ئى قېرىندىشىم، يەھۇدىيلار ئىچىدە قانچە مىڭلىغان ئېتىقاد قىلغۇچىلار بار! ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتايىن قىزغىن ئىكەن. [21] ئۇلار سېنىڭ توغراڭدا: «ئۇ ئەللەرنىڭ ئارىسىدا ياشىغان پۈتۈن يەھۇدىيلارغا مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغىنىدىن يېنىشنى، يەنى باللىرىنى خەتنە قىلدۇرماسلىقنى، يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە رىئايە قىلماسلىقنى ئۆگىتىدۇ» دەپ ئاڭلىدى. [22] ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ چۇنكى خالايىق چوقۇم سېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ قالىدۇ. [23] شۇڭا بىزنىڭ دېگىنىمىزدەك قىلغىن: ئارىمىزدا قەسەم ئىچكەن تۆت ئادەم بار. [24] سەن ئۇلارنى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تەۋراتتىكى تازىلىنىش قائىدىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قۇربانلىق چىقىملىرىنى ئۆزۈڭ كۆتۈرگىن، ئاندىن ئۇلار چاچلىرىنى چۈشۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن سەن توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ راست ئەمەسلىكىنى ۋە سېنىڭ ئۆزۈڭ تەۋراتقا تەرتىپى بويىچە رىئايە قىلىۋاتىدىغانلىقىڭنى بىلىپ

---

23:21 **«ئارىمىزدا قەسەم ئىچكەن تۆت ئادەم بار»** ــ «قەسەم ئىچكەن» خۇدانىڭ ئالدىدا ئىچكەن؛ بۇ خۇدانىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىش ئۈچۈن بولغان بولسا كېرەك. بۇنداق قىلىشى ئەمەلىيەتتە «يېڭى ئەھدە»گە مۇۋاپىق ئەمەس، بەلكى «كونا ئەھدە»گە ئائىت ئىش ئىدى.

يېتىدۇ. [25]ئەمما ئەللەردىن بولغان ئېتىقادچىلارغا كەلسەك، بىز
ئۇلارغا پەقەتلا بۇتلارغا ئاتالغان نەرسىلەرنى يېمەسلىك، قاننى
ۋە بوغۇپ سويۇلغان ھايۋاننىڭ گۆشىنىمۇ يېيىشتىن ۋە جىنسىي
بۇزۇقلۇقتىن ئۆزلىرىنى ساقلاش توغرۇلۇق قارارىمىزنى ئۆتكەنكى
خەت ئارقىلىق ئۇقتۇردۇق.
[26]بۇنىڭ بىلەن، پاۋلۇس ئۇ كىشىلەرنى ئېلىپ، ئەتىسى ئۆزى ئۇلار بىلەن
بىللە تازىلىنىش قائىدىسىنى ئۆتكۈزۈشتى؛ ئاندىن ئۇ ئىبادەتخانىغا
كىرىپ، كاھىنلارغا ئۆزلىرىنىڭ پاكلىنىش مۇددىتىنىڭ قاچان
توشۇدىغانلىقى، يەنى ھەرقايسىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىشىنىڭ
قايسى كۈنى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى.

## پاۋلۇسنىڭ ئىبادەتخانىدا تۇتقۇن قىلىنىشى

[27]يەتتە كۈنلۈك مۇددەت توشۇشقا ئاز قالغاندا، ئاسىيا ئۆلكىسىدىن
كەلگەن بەزى يەھۇدىيلار پاۋلۇسنى ئىبادەتخانىدا كۆرۈپ، خالايىقنى

---

24:21 **«تازىلىنىش قائىدىسىدىن ئۆتۈپ...»** — «تازىلىنىش» — ئىنرانىي تىلدا بولسا «تاھارەت».
—ياقۇپلار ئېيتقان شۇ «تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتايىن قىزغىن» بولغان يەھۇدىي ئېتىقادچىلار بەلكىم پاۋلۇسنى «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نىڭ زېمىنلىرىدىن ئۆتۈشى بىلەن «ناپاك بولدى» دەپ قارىشى مۇمكىن ئىدى.
—«ئۇلار چاچلىرىنى چۈشۈرەلەيدۇ» — تەۋرات، «چۆل.» 6:13-20نى كۆرۈڭ. «نازارىيلار» خۇدا ئالدىدا دۇئاسىنىڭ ئىلتىجا قىلىنىشى ئۈچۈن ياكى تەشەككۇر ئېيتىشى ئۈچۈن چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋېتەتتى. قەسەمنىڭ مۆھلىتى توشقاندا، ئاۋۋال قۇربانلىق سۇنۇپ ئاندىن چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى.
**25:21** يار. 4:9؛ مىس. 3:20؛ روس. 23:15؛ 1كور. 1:8.
26:21 **«... پاۋلۇس ئۇ كىشىلەرنى ئېلىپ، ئەتىسى ئۆزى ئۇلار بىلەن بىللە تازىلىنىش قائىدىسىنى ئۆتكۈزۈشتى؛ ئاندىن ئۇ ئىبادەتخانىغا كىرىپ، ... ھەرقايسىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىشىنىڭ قايسى كۈنى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى»** — بۇ ئىش، يەنە ياقۇپنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى ھەمدە ئۇنىڭغا پاۋلۇسنىڭ قوشۇلۇشى، ئۇنىڭ بۇ تۆت كىشى بىلەن «تازىلىنىش»ى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە قۇربانلىق قىلىشى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ
**26:21** روس. 6:24.

قۇترىتىپ، ئۇنىڭغا قول سېلىپ: [28]— ئەي ئىسرائىللار، ياردەمدە
بولۇڭلار! ھەممە يەردىلا، ھەممە ئادەمگە خەلقىمىزگە، تەۋرات قانۇنىغا
ۋە ئىبادەتخانىغا قارشى سۆزلەرنى ئۆگىتىۋاتقان ئادەم دەل شۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ئۇ يەنە گرېكلەرنى ئىبادەتخانىمىزغا باشلاپ كىرىپ،
بۇ مۇقەددەس جايىنى بۇلغىدى! — دەپ چۇقان كۆتۈردى [29](ئۇلارنىڭ
بۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى، ئەسلىدە ئۇلار شەھەردە ئەفەسۇسلۇق
تروفىمۇسنىڭ پاۋلۇس بىلەن بىللە بولغانلىقىنى كۆرگەنىدى ۋە
پاۋلۇس ئۇنى ئىبادەتخانىغا باشلاپ كىرگەن، دەپ ئويلىغانىدى).
[30]شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن شەھەر زىلزىلىگە كەلدى. خالايىق تەرەپ-
تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، پاۋلۇسنى تۇتۇپ، ئىبادەتخانىدىن سۆرەپ
ئېلىپ چىقتى. ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىلىرى دەرھال تاقىۋېتىلدى. [31]بۇ
ئوپ ئادەم پاۋلۇسنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، پۈتكۈل
يېرۇسالېمنى مالىمانچىلىق قاپلاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى بىر
خەۋەر ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق رىم قىسمىنىڭ مىڭبېشىغا يەتكۈزۈلدى.
[32]مىڭبېشى دەرھال لەشكەر ۋە بىرنەچچە يۈزبېشىنى ئېلىپ، توپ-توپ
ئادەملەرنى باستۇرۇشقا يۈگۈرۈپ كەلدى. مىڭبېشى ۋە ئەسكەرلەرنى
كۆرگەن خالايىق پاۋلۇسنى ئۇرۇشتىن توختىدى. [33]مىڭبېشى ئالدىغا
ئۆتۈپ، لەشكەرلەرنى پاۋلۇسنى تۇتۇپ ئىككى زەنجىر بىلەن باغلاشقا
بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇ:
بۇ ئادەم كىم؟ ئۇ نېمە گۇناھ قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

---

29:21 **«...ئەسلىدە ئۇلار شەھەردە ئەفەسۇسلۇق تروفىمۇسنىڭ پاۋلۇس بىلەن بىللە بولغانلىقىنى كۆرگەنىدى»** — ئەفەسۇسلۇق تروفىمۇس يەھۇدىي ئەمەس، گرېك ئىدى، ئەلۋەتتە

**29:21** روس. 4:20؛ 2تىم. 20:4.

30:21 **«خالايىق تەرەپ-تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، پاۋلۇسنى تۇتۇپ، ئىبادەتخانىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىلىرى دەرھال تاقىۋېتىلدى»** — مەقستى شۈبھىسىزكى، ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزىدە قالايمىقانچىلىق چىقمىسۇن ئۈچۈن ئىدى.

31:21 **«لەشكەر قىسمىنىڭ مىڭبېشى»** — گرېك تىلىدا «خىلىئارق»؛ ئەمەلىيەتتە 600 ئەسكەرنى باشقۇراتتى.

**33:21** روس. 11:21.

[34] لېكىن توپىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر ئۇنى دېسە، بەزىلەر بۇنى دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى. مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن مىڭبېشى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاخىر پاۋلۇسنى قەلئەگە ئېلىپ كېتىشنى بۇيرۇدى. [35] لېكىن پاۋلۇس قەلئەنىڭ پەلەمپىيىگە كەلگەندە، توپىلاڭچىلار تېخىمۇ زوراۋانلىشىپ كەتكەچكە، لەشكەرلەر ئۇنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. [36] چۈنكى ئۇلارنىڭ كەينىدىن توپ-توپ ئادەملەر ئەگىشىپ مېڭىپ:

ئۇ يوقىتىلسۇن! ــ دەپ ۋارقىرىشاتتى.

## پاۋلۇسنىڭ گۇۋاھلىق بېرىپ ئاقلىنىشى

[37] قەلئەگە ئەكىرىلىشكە ئاز قالغاندا، پاۋلۇس مىڭبېشىغا:

سىزگە بىر ئېغىز سۆز قىلسام بولامدىكىن؟ ــ دەپ سورىدى.

مىڭبېشى: ــ گرېكچە بىلەمسەن؟ [38] ئۇنداقتا، ئىلگىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، «خەنجەرچى قاتىللار»دىن تۆت مىڭ ئادەمنى باشلاپ چۆلگە قېچىپ كەتكەن ھېلىقى مىسىرلىق ئەمەسمۇسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

[39] لېكىن پاۋلۇس: ــ مەن يەھۇدىي، كىلىكىيە ئۆلكىسىدىكى ئۇلۇغ شەھەر تارسۇسنىڭ پۇقراسىمەن. خالايىققا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىشىمغا ئىجازەت قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، ــ دېدى.

[40] مىڭبېشى ئىجازەت بېرىۋىدى، پاۋلۇس پەلەمپەيدە تۇرۇپ، خالايىققا قول ئىشارىتى قىلدى. قاتتىق جىمجىتلىق باسقاندا، ئۇ ئىبرانىي تىلىدا سۆزلەشكە باشلاپ: ــ

---

**36:21** لۇقا 18:23؛ يۇھ. 15:19؛ روس. 22:22.

**38:21 «خەنجەرچى قاتىللار»** ــ رىم ئىمپېرىيەسىگە قارشى تۇرغان ئەڭ ئەشەددىي سىياسىي ئېقىم ئىدى. ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قورال كىيىم ئىچىدە يوشۇرۇشقا قولايلىق بولغان خەنجەر ئىدى.

**39:21** روس. 9:11، 30.

**40:21 «ئۇ ئىبرانىي تىلىدا سۆزلەشكە باشلاپ..»** ــ «ئىبرانىي تىلىدا» ــ ئارامىي دىئالېكتىدا بولۇشى مۇمكىن.

## 22

[1] — قېرىنداشلار ۋە ئاتا-بوۋىلار! ئەمدى ئۆزۈمنى ئاقلاش
سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغايسىلەر، — دېدى.
[2] ئۇلار پاۋلۇسنىڭ ئىبرانىي تىلىدا سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ
جىم بولۇشتى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:
[3] — مەن بىر يەھۇدىي، كىلىكىيەدىكى تارسۇس شەھىرىدە تۇغۇلدۇم؛
لېكىن بۇ شەھەردە بېقىپ چوڭ قىلىندىم، گامالىيەلنىڭ قول
ئاستىدا ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا تاپشۇرۇلغان تەۋرات قانۇنىنىڭ زىر-
زەۋەرلىرىنى قويماي ئۆگىنىپ تەلىم-تەربىيە ئالدىم. مەن سىلەرنىڭ
بۈگۈن بولغىنىڭلارغا ئوخشاش، خۇدا يولىغا ئىنتايىن قىزغىن
ئىدىم. [4] مەن بۇ يولدىكىلەرنى ھەتتا ئۆلتۈرۈشكىچە زىيانكەشلىك
قىلىپ، ئۇلارنى ئەر-ئايال دېمەي تۇتقۇن قىلىپ زىندانغا سالدۇردۇم.
[5] بۇ توغرۇلۇق باش كاھىن ۋە ئالىي كېڭەشمەدىكى بارلىق
ئاقساقاللارمۇ ماڭا گۇۋاھچىدۇر. مەن ئۇلاردىن دەمەشقتىكى يەھۇدىي
قېرىنداشلارغا يېزىلغان خەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شۇ يەردە
تۇرۇۋاتقان بۇ يولدىكىلەرنى جازالاش ئۈچۈن، ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىپ
يېرۇسالېمغا ئاپىرىمەن دەپ يولغا چىققانىدىم. [6] ئەمدى شۇنداق
بولدىكى، سەپەر قىلىپ دەمەشققە يېقىنلاشقاندا، چۈشكە يېقىن،
تۇيۇقسىز ئاسماندىن كۈچلۈك بىر نۇر چۈشۈپ، ئەتراپىمنى يورۇتۇ

---

**3:22 «مەن... گامالىيەلنىڭ قول ئاستىدا ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا تاپشۇرۇلغان تەۋرات قانۇنىنىڭ زىر-زەۋەرلىرىنى قويماي ئۆگىنىپ تەلىم-تەربىيە ئالدىم»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەككى، گامالىيەل داڭقى چىققان تەۋرات ئۆلىماسى ئىدى (24:5). گرېك تىلىدا «(مەن) گامالىيەلنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئالدىدا ... تەلىم-تەربىيە ئالدىم» دېيىلىدۇ.

**3:22** روس. 34:5؛ 9:11؛ 39:21؛ 2كور. 22:11

**4:22 «مەن بۇ يولدىكىلەرنى ھەتتا ئۆلتۈرۈشكىچە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئەر-ئايال دېمەي تۇتقۇن قىلىپ زىندانغا سالدۇردۇم»** — «بۇ يولدىكىلەرنى» — مەسىھ يولىدىكىلەرنى، دېمەكچى. گرېك تىلىدا پەقەت «بۇ يولنى» دېيىلىدۇ. تىڭشىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «مەسىھ ئەيسانىڭ يولى»نىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولاتتى.

**4:22** روس. 3:8؛ 1:9؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.

ۋەتتى. [7]مەن يەرگە يىقىلىپ كەتتىم، ئاندىن ماڭا: «سائۇل، سائۇل،
ماڭا نېمىشقا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم.
[8]«ئى رەب، سەن كىمسەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا: ــ «مەن سەن
زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان ناسارەتلىك ئەيسادۇرمەن!» دېدى. [9]مەن
بىلەن بىللە مېڭىۋاتقانلار ئۇ نۇرنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ماڭا
قىلغان سۆزلەرنى چۈشەنمىدى. [10]مەن يەنە، «ئى رەب، نېمە قىلىشىم
كېرەك؟» دەپ سورىسام، رەب ماڭا، «ئورنۇڭدىن تۇر، دەمەشققە كىر، شۇ
يەردە سەن ئادا قىلىش بېكىتىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرۇلۇق
ساڭا ئېيتىپ بېرىلىدۇ!» دېدى. [11]ھېلىقى نۇرنىڭ جۇلالىقىدىن
كۆزلىرىم كۆرمەس بولۇپ قالدى. يېنىمدىكىلەر قولۇمدىن يېتەكلەپ،
دەمەشققە ئېلىپ كىردى.
[12]ئۇ يەردە تەۋرات قانۇنىغا ئىخلاس باغلىغان، دەمەشقتىكى بارلىق
يەھۇدىيلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئانانىياس ئىسىملىك بىر
كىشى بار ئىدى. [13]ئۇ كېلىپ، يېنىمدا تۇرۇپ: «قېرىنداش سائۇل،
بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قارا!» دېدى. مەن شۇئان بېشىمنى كۆتۈرۈپ
قاراپ ئۇنى كۆردۇم. [14]ئۇ ماڭا: «ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇداسى سېنى
ئىرادىسىنى بىلىشىڭ، ھەققانىي بولغۇچىنى كۆرۈشۈڭ ۋە ئۇنىڭ
ئاغزىدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلىشىڭ ئۈچۈن ئاللىقاچان تاللىدى.
[15]چۈنكى سەن پۈتۈن ئىنسانلار ئالدىدا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىڭغا
ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى بولىسەن! [16]شۇنداق ئىكەن، سەن يەنە نېمىگە

---

**6:22** 1كور. 15:8؛ 2كور. 2:12.

**9:22 «...لېكىن ماڭا قىلغان سۆزلەرنى چۈشەنمىدى»** ــ ياكى «... لېكىن ماڭا قىلغان سۆزلەرنى ئاڭلىماپتۇ». بۇ ئادەملەر بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى، لېكىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىدى (7:9نى كۆرۈڭ).

**9:22** دان. 7:10.

**12:22** روس. 17:9.

**14:22 «ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇداسى سېنى ئىرادىسىنى بىلىشىڭ، ھەققانىي بولغۇچىنى كۆرۈشۈڭ ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلىشىڭ ئۈچۈن ئاللىقاچان تاللىدى»** ــ «ھەققانىي بولغۇچى» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**هايال بولسەن؟ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىغا نىدا قىلىپ
چۆمۈلدۈرۈلۈپ، گۇناھلىرىڭنى يۇغۇزغىن!» دېدى.
[17] شۇنداق بولدىكى، يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن،
ئىبادەتخانىدا دۇئا قىلىۋاتقىنىمدا، بىر غايىبانە كۆرۈنۈش مېنى
ئورىۋالدى [18] ۋە رەببىنىڭ ماڭا: «چاپسان بول، يېرۇسالېمدىن دەرھال
كەت. چۈنكى ئۇلار سېنىڭ ماڭا قىلغان گۇۋاھلىقىڭنى قوبۇل
قىلمايدۇ!» دەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.
[19] مەن، «ئى رەب، ئۇلار مېنىڭ ساڭا ئېتىقاد قىلغانلارنى زىندانغا
سولاپ، ھەربىر سىناگوگلارغا كىرىپ ئۇلارنى ئۇرغانلىقىمنى بىلىدۇ.
[20] سېنىڭ گۇۋاھچىڭ بولغان ئىستىپاننىڭ قېنى تۆكۈلگىنىدە، مەنمۇ
يېنىدا تۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا قوشۇلۇپ،
ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە قاراپ بەردىم!» — دېدىم. [21] بىراق ئۇ ماڭا:
«كەتكىن! سېنى يىراقتىكى ئەللەرگە ئەۋەتىمەن!» — دېدى.
[22] پاۋلۇس مۇشۇ سۆزنى دېگۈچە خالايىق ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىۋاتاتتى.
لېكىن بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:
ئۇنداق بىر كىشى يەر يۈزىدىن يوقىتىلسۇن! ئۇ تىرىك تۇرۇشقا لايىق
ئەمەس! — دەپ چۇقان سېلىشتى.
[23] ئۇلار چىرقىرىشىپ، چاپان-يېپىنچىلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، توپا-
چاڭ سورۇۋاتقاندا، [24] مىڭبېشى پاۋلۇسنى قەلئەگە ئېلىپ كىرىپ**

---

**18:22** مات. 14:10.

**19:22** روس. 4:22.

**20:22** روس. 58:7؛ 1:8.

**21:22** روس. 15:9؛ 2:13؛ گال. 15:1؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 11:1.

22:22 **«لېكىن بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ: — ئۇنداق بىر كىشى يەر يۈزىدىن يوقىتىلسۇن! ئۇ تىرىك تۇرۇشقا لايىق ئەمەس! — دەپ چۇقان سېلىشتى» —** دېمىسەكمۇ، ئۇلارنىڭ پاۋلۇس بۇ سۆزنى كۆتۈرەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئۆزلىرى ئىنتايىن پەس كۆرىدىغان «يات ئەللەر»گە يەتكۈزۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ، دەيدىغان كۆزقاراشتا ئىدى.

**22:22** روس. 36:21.

**كېتىشكە ئەمر قىلىنىدى، خالايىقنىڭ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن**
**بۇنداق چۇقان سالىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە**
**ئۇنى قامچىلاپ سوراق قىلىشنى بۇيرۇدى. [25] لېكىن ئۇلار پاۋلۇسنى**
**قامچىلاش ئۈچۈن غۇلاچلىتىپ باغلىغاندا، ئۇ يېنىدا تۇرغان**
**يۈزبېشىغا:**
**بىر رىم پۇقراسىنى جىنايىتى بېكىتىلمەيلا قامچىلىشىڭلار قانۇنغا**
**ئۇيغۇنمۇ؟ ــ دېدى.**
**[26] بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يۈزبېشى مىڭبېشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:**
**سىز نېمە ئىش قىلاي دەۋاتىسىز؟ چۈنكى ئۇ كىشى رىم پۇقراسى**
**ئىكەن! ــ دېدى.**
**[27] مىڭبېشى پاۋلۇسنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن:**
**ماڭا ئېيتقىن، سەن راستتىنلا رىم پۇقراسىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.**
**راست، دېدى ئۇ.**
**[28] ــ مەن ناھايىتى يۇقىرى باھادا مۇشۇ پۇقرالىقا ئىگە بولدۇم، ــ**
**دېدى مىڭبېشى.**
**پاۋلۇس:**
**ئەمما مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا شۇنداق! ــ دېدى.**
**[29] شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى سوراقا تارتماقچى بولغان لەشكەرلەر دەرھال**
**ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. مىڭبېشىمۇ ئۇنىڭ رىم پۇقراسى**

---

24:22 **«مىڭبېشى ... خالايىقنىڭ پاۋلۇسقا نېمە ئۈچۈن بۇنداق چۇقان سالىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە ئۇنى قامچىلاپ سوراق قىلىشنى بۇيرۇدى» ــ** «قامچىلاپ سوراق قىلىش» بولسا رىملىقلار گۇمان قىلغان ئادەملەرنى گۇناھى بار دەپ ھېسابلاپ، «ھەقىقەتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن» ئۇلارنى قىيناش بىلەن سوراق قىلاتتى (ئۇلارنىڭ «قامچا»لىرى كۆپ تاسمىلىق بولۇپ، ھەر تاسمىسىغا ھەرتۈرلۈك تۆمۈر-سۆڭەك پارچىلىرى باغلانغانىدى). ئەمما رىملىق پۇقرالار بولسا ئۇنداق مۇئامىلىدىن خالاس ئىدى.

25:22 **«لېكىن ئۇلار پاۋلۇسنى قامچىلاش ئۈچۈن غۇلاچلىتىپ باغلىغاندا...» ــ** «غۇلاچلىتىپ باغلىغاندا»: رىملىقلار سوراققا تارتىلغۇچىنى قامچىلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى باغلاپ غۇلىچىنى كېرىپ تۇرغۇزىدۇ.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «پاۋلۇسنى تاسمىلار بىلەن غۇلاچلاتقاندا،...».

ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى باغلاتقانلىقى تۈپەيلىدىن قورقۇپ
كەتتى.

## پاۋلۇسنىڭ ئالىي كېڭەشمىدە ئۆزىنى ئاقلىشى

30 مىڭبېشى يەھۇدىيلارنىڭ پاۋلۇسنىڭ ئۈستىدىن قىلغان
شىكايىتىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەتىسى ئۇنى
يېشىپ، باش كاھىنلار ۋە پۈتۈن ئالىي كېڭەشمىدىكىلەرنىڭ بىر
يەرگە يىغىلىشىنى بۇيرۇدى. ئاندىن پاۋلۇسنى ئېلىپ كېلىپ،
ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزدى.

23 1 پاۋلۇس ئالىي كېڭەشمە ھەيئەتلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:
قېرىنداشلار، مەن بۈگۈنگىچە خۇدانىڭ ئالدىدا پاك ۋىجداندا
مېڭىپ كەلدىم، ــ دېدى.
2 بۇنى ئاڭلىغان باش كاھىن ئانانىياس پاۋلۇسنىڭ يېنىدا تۇرغانلارغا
ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. 3 پاۋلۇس ئۇنىڭغا:
خۇدا سېنى ئۇرىدۇ، ئەي ئاقارتىلغان تام! سەن ئۇ يەردە مېنى تەۋرات
قانۇنى بويىچە سوراققا تارتىشقا ئولتۇرىسەن، لېكىن تەۋرات قانۇنىغا
خىلاپ ھالدا مېنى ئۇرۇڭلار دەپ بۇيرۇدىڭغۇ؟! ــ دېدى.

29:22 **«شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى سوراققا تارتماقچى بولغان لەشكەرلەر دەرھال ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. مىڭبېشىمۇ ئۇنىڭ رىم پۇقراسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى باغلاتقانلىقى تۈپەيلىدىن قورقۇپ كەتتى»** ــ 24-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. رىم پۇقرالىرىنى جىنايىتى بېكىتمەيلا باغلاشمۇ قانۇنسىز ئىش ئىدى.

**1:23** روس. 16:24.

**2:23** 1پاد. 24:22؛ يەر. 2:20؛ يـۇھ. 22:18.

3:23 **خۇدا سېنى ئۇرىدۇ، ئەي ئاقارتىلغان تام!** ــ پاۋلۇسنىڭ «ئاقارتىلغان تام» دېگىنى، «سىرتى ئاپئاق كۆرۈنىدىغان، ئىچى پەقەت پاتقاق-لايدىن بولغان ساختىپەزسەن» دېگەن مەنىدە. «ئەز.» 8:13-16نىمۇ كۆرۈڭ.

**3:23** قان. 9:17.

4 ــ سەن خۇدانىڭ باش كاھىنىغا ئاشۇنداق ھاقارەت كەلتۈرەمسەن؟! ــ
دېيىشتى يېنىدا تۇرغانلار. 5 پاۋلۇس:
ئى قېرىنداشلار، مەن ئۇنىڭ باش كاھىن ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن.
چۈنكى تەۋراتتا: «خەلقىڭنى ئىدارە قىلغۇچىنىڭ يامان گېپىنى
قىلما!» دېيىلگەن، ــ دېدى.
6 لېكىن پاۋلۇس ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ سادۇقىي، يەنە بىر
قىسمىنىڭ پەرىسىيلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئالىي كېڭەشمىدە
يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:
قېرىنداشلار، مەن بولسام پەرىسىيلەردىن بولىمەن ۋە پەرىسىيلەرنىڭ
پەرزەنتىمەن. مەن ئۆلگەنلەر قايتا تىرىلىشقا باغلىغان ئۈمىد
توغرۇلۇق بۇ يەردە سوراققا تارتىلىۋاتىمەن! ــ دەپ ۋارقىرىدى.
7 ئۇ بۇ سۆزنى دېيىشى بىلەنلا، پەرىسىيلەر بىلەن سادۇقىيلار ئارىسىدا
جېدەل-غوۋغا قوزغىلىپ، كېڭەشمىدىكىلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ
كەتتى 8 (چۈنكى سادۇقىيلار ئۆلگەنلەرنىڭ قايتا تىرىلىشى، ياكى
پەرىشتە ياكى روھلار مەۋجۇت ئەمەس، دەيدۇ. لېكىن پەرىسىيلەر
ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ). 9 بۇنىڭ بىلەن قاتتىق بىر چۇقان-
سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ، پەرىسىي تەرەپدارى بولغان بەزى تەۋرات ئۇستازلىرى
ئورنىدىن تۇرۇپ:
بىز بۇ ئادەمدىن ھېچقانداق ئەيىب تاپالمىدۇق! بىر روھ ياكى
پەرىشتە ئۇنىڭغا سۆز قىلغان بولسا نېمە بوپتۇ! ــ دەپ، قاتتىق
مۇنازىرىلەشتى.
10 چۇقان-سۈرەن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەچكە، مىڭبېشى
يەھۇدىيلارنىڭ پاۋلۇسنى تارتىشتۇرۇپ تىتما-تىتما قىلىۋېتىشىدىن

5:23 «خەلقىڭنى ئىدارە قىلغۇچىنىڭ يامان گېپىنى قىلما!» ــ تەۋرات، «مىس.» 28:22.
5:23 مىس. 27:22.
6:23 روس. 21:24؛ 6:26؛ فىل. 5:3.
8:23 مات. 23:22؛ مار. 18:12؛ لۇقا 27:20.
9:23 روس. 25:25؛ 31:26.

قورقۇپ، قىسمىغا زالغا چۈشۈپ ئۇنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن زورلۇق بىلەن تارتىپ چىقىپ، قەلئەگە ئەكىرىپ كېتىشنى بۇيرۇدى.
[11] شۇ كۈنى كېچىسى، رەب پاۋلۇسنىڭ يېنىدا تۇرۇپ:
جاسارەتلىك بول! چۈنكى يېرۇسالېمدا مەن توغرامدىكى ئىشلارغا تولۇق گۇۋاھلىق بەرگىنىڭدەك، رىم شەھىرىدىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق قىلىشىڭ مۇقەررەر بولىدۇ! ــ دېدى.

## پاۋلۇسنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى

[12] ئەتىسى ئەتىگەندە، يەھۇدىيلار پاۋلۇسنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ، ئۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە ھېچنەرسە يېمەيمىز، ئىچمەيمىز، دەپ ئۆزلىرىگە لەنىتى بىر قەسەمنى قىلىشتى. [13] بۇ سۇيىقەست قەسىمىنى ئىچكەنلەر قىرىق نەچچە كىشى ئىدى. [14] ئۇلار باش كاھىنلار ۋە ئاقساقاللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
بىز پاۋلۇسنى ئۆلتۈرمىگۈچە ھېچنەرسە تېتىماسلىققا قاتتىق قەسەم ئىچتۇق. [15] ھازىر سىلەر ۋە ئالىي كېڭەشمە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ، ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۇنى كېڭەشمىگە ئېلىپ كېلىشنى مىڭبېشىدىن تەلەپ قىلىڭلار. ئۇ بۇ يەرگە يېقىن كەلمەيلا ئۇنى جايلىۋېتىشكە تەييار تۇرىمىز، ــ دېدى.
[16] لېكىن پاۋلۇسنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى بۇكتۇرمىدىن خەۋەر تېپىپ قەلئەگە كىرىپ، پاۋلۇسقا مەلۇم قىلىپ قويدى. [17] بۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس يۈزبېشىلىرىدىن بىرىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا:
بۇ بالىنى مىڭبېشى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويسىڭىز. چۈنكى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىدىغان ئىشى بار ئىكەن، ــ دېدى.
[18] يۈزبېشى ئۇنى ئېلىپ مىڭبېشىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپ:
مەھبۇس پاۋلۇس مېنى چاقىرتىپ، بۇ بالىنى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ سىزگە مەلۇم قىلىدىغان

11:23 روس. 9:18.
12:23 روس. 21:23، 29، 30.

ئىشى بار ئىكەن، ــ دېدى.

[19] مىڭبېشى ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ، بىر چەتكە تارتىپ:

ماڭا مەلۇم قىلىدىغان نېمە ئىشىڭ بار؟ ــ دەپ سورىدى.

[20] ئۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى:

يەھۇدىيلار پاۋلۇسنىڭ ئىشلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرەيلى دەپ سەۋەب كۆرسىتىپ ئۆزلىرىدىن ئەتە ئۇنى ئالىي كېڭەشمىگە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تىل بىرىكتۈرۈشتى. [21] ئۇلارغا قايىل بولمىغايلا، چۈنكى قىرىقتىن ئارتۇق ئادەم ئۇنى پايلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار پاۋلۇسنى ئۆلتۈرمىگۈچە ھېچنەرسە يېمەيمىز، ئىچمەيمىز، دېگەن قارغىش قەسىمىگە باغلىنىپتۇ. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇشلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

[22] مىڭبېشى ئۇنىڭغا:

بۇ ئىشنى ماڭا مەلۇم قىلغانلىقىڭنى ھېچكىمگە تىنما! ــ دەپ تاپىلاپ، بالىنى قايتۇردى.

## پاۋلۇسنىڭ ۋالىي فېلىكسكە تاپشۇرۇلۇشى

[23] مىڭبېشى يۈزبېشىدىن ئىككىنى چاقىرتىپ:

ئىككى يۈز پىيادە لەشكەر، يەتمىش ئاتلىق لەشكەر ۋە ئىككى يۈز نەيزىۋاز لەشكەرنى بۈگۈن كېچە سائەت توققۇزدا قەيسەرىيە شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىشقا ھازىرلاڭلار! [24] شۇنىڭ بىلەن بىللە، پاۋلۇسنى ۋالىي فېلىكسنىڭ يېنىغا ساق-سالامەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مىنىشىگە ئۇلاغلارنى تەييارلاڭلار! ــ دەپ بۇيرۇدى.

---

**20:23** روس. 12:23.

**23:23** **«نەيزىۋاز لەشكەر»** ــ بۇ سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى نامەلۇم. **«كېچە سائەت توققۇزدا»** ــ گرېك تىلىدا «كېچىدىكى ئۈچىنچى سائەتتە».

**24:23** **«پاۋلۇسنى ۋالىي فېلىكسنىڭ يېنىغا ساق-سالامەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مىنىشىگە ئۇلاغلارنى تەييارلاڭلار!»** ــ «ئۇلاغلارنى تەييارلاڭلار!» ــ بىر ئۇلاغ ئەمەس. مىڭبېشى پاۋلۇسنى يېرۇسالېمدىن 100 كىلومېتر يىراق بولغان قەيسەرىيەگە بىخەتەر يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىغان كۆپ ئۇلاغلار، ئەلۋەتتە.

[25] مىڭبېشى فېلىكسكە مۇنداق بىر خەت يازدى: ــ
[26] «ھۆرمەتلىك ۋالىي فېلىكس جانابلىرىغا كلاۋدىيۇس لىسىياستىن سالام!
[27] ئۇشبۇ ئادەمنى يەھۇدىيلار تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ رىم پۇقراسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپ، قىسمىنى باشلاپ بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزدۇم. [28] مەن ئۇلارنىڭ بۇ كىشى ئۇستىدىن قىلغان شىكايىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىماقچى بولۇپ، ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ ئالىي كېڭەشمىسىگە ئېلىپ باردىم. [29] ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەۋرات قانۇنىغا دائىر دەتالاش مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، بىراق ئۇنىڭدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ياكى زىندانغا تاشلاشقا لايىق بىرەر شىكايەت قىلغۇدەك ئىشنى تاپالمىدىم. [30] كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قەستىدە يوشۇرۇن تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئاخبارات ماڭا مەلۇم قىلىنغاندا، دەرھال ئۇنى سىلىگە يوللاتتىم ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا شىكايەتلىرىنى ئېيتىشىنى بۇيرۇدۇم. خەير!».
[31] لەشكەرلەر ئەمدى بۇيرۇق بويىچە پاۋلۇسنى كېچىلەپ ئانتىپاترىس شەھىرىگە يەتكۈزدى. [32] ئەتىسى، ئاتلىق لەشكەرلەر پاۋلۇسنى ئېلىپ مېڭىشقا قالدۇرۇلۇپ، قالغان لەشكەرلەر يېرۇسالېمدىكى قەلئەگە قايتىپ كەلدى. [33] ئاتلىقلار قەيسەرىيەگە كىرىپ، خەتنى ۋالىيغا تاپشۇردى ۋە پاۋلۇسنىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر قىلدى. [34] ۋالىي خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، پاۋلۇسنىڭ قايسى ئۆلكىدىن ئىكەنلىكىنى

---

27:23 **«يەھۇدىيلار ... ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ رىم پۇقراسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپ، قىسمىنى باشلاپ بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزدۇم»** ــ مىڭبېشى لىسىياس ئەمەلىيەتتە پاۋلۇسنى تۇتقاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ رىم پۇقراسى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

**27:23** روس. 33:21.

31:23 **«لەشكەرلەر ... پاۋلۇسنى كېچىلەپ ئانتىپاترىس شەھىرىگە يەتكۈزدى.»** ــ ئانتىپاترىس يېرۇسالېمدىن 55 كىلومېتىر يىراق، يېرۇسالېم بىلەن قەيسەرىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

سوراپ، ئۇنىڭ كىلىكىيەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، [35] ئۇنىڭغا:
ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلغۇچىلار كەلگەندە ئىشلىرىڭنى تولۇق ئاڭلايمەن،
ـ دېدى ۋە ئۇنى ھېرود خانىنىڭ ئوردىسىدا نەزەربەند قىلىپ قويۇشنى
بۇيرۇدى.

## يەھۇدىيلارنىڭ پاۋلۇس ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى

24 [1] بەش كۈندىن كېيىن، باش كاھىن ئانانىياس ئاقساقاللاردىن
بىرنەچچەيلەن ۋە تەرتۇللۇس ئىسىملىك بىر ئادۋوكات
بىلەن قەيسەرىيەگە چۈشۈپ، پاۋلۇس توغرىسىدىكى رەسمىي
شىكايەتلىرىنى ۋالىيغا سۇندى. [2-3] پاۋلۇس چاقىرتىلىپ، تەرتۇللۇس
ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ مۇنداق دېدى:
ھۆرمەتلىك فېلىكس جانابلىرى! بىز ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىلىرىدا
ھەر تەرەپتىن ئامان-ئېسەنلىكتە نېسىپ بولۇپ كەلمەكتىمىز ۋە
ئالدىن كۆرەرلىكلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا دانا ئىسلاھاتلار
بارلىققا كەلتۈرۈلمەكتە، بىز بۇ ئىشلاردىن ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا تولۇق
مىننەتدارلىق بىلەن بەھرىمان بولۇۋاتىمىز. [4] بىراق ئۆز ۋاقىتلىرىنى

---

34:23 **«ۋالىي ... پاۋلۇسنىڭ قايسى ئۆلكىدىن ئىكەنلىكىنى سوراپ،...»** — ۋالىينىڭ «قايسى ئۆلكە؟» دېگەن سوئالى گرېك تىلىدا «قايسى خىل ئۆلكە» دېيىلىدۇ. ئىككى خىل ئۆلكە بار ئىدى: (1) ئىمپېراتور ئۆزى بىۋاستە باشقۇرىدىغان؛ (2) ۋاستىلىك باشقۇرىدىغان. پاۋلۇس ئىككىنچى خىل ئۆلكىدىن بولغان بولسا، ۋالىي ئۆزى پاۋلۇسنىڭ دەۋاسىنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلالايتتى.

35:23 **«... ئۇنىڭ كىلىكىيەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا: — ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلغۇچىلار كەلگەندە ئىشلىرىڭنى تولۇق ئاڭلايمەن، — دېدى...»** — كىلىكىيە (ھازىرقى شىمالىي تۈركىيەدە) قانائان (پەلەستىن)دىن يىراق جاي ئىدى، ئۇ بەلكىم فېلىكس باشقۇرىدىغان جاي بولمىسا كېرەك. كىلىكىيە شۇنچە يىراق بولغاچقا، پاۋلۇسنى شۇ يەرگە يالاپ ماڭدۇرماي، بۇ ئىشنى ئۆزۈم تەكشۈرەي دېگەن قارارغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**1:24** روس. 2:23.

3-2:24 **«بىز ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىلىرىدا ھەر تەرەپتىن ئامان-ئېسەنلىكتە نېسىپ بولۇپ كەلمەكتىمىز»** — ياكى «بىز ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىلىرىدا ئۇزۇندىن بۇيان ئامان-

كۆپ ئىلىپ قويماسلىقىم ئۈچۈن، شەپقەتلىرى بىلەن سۆزىمىزنى قىسقىلا ئاڭلاشلىرىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. [5] چۈنكى بىز شۇنى تونۇپ يەتتۇقكى، بۇ ئادەم بالاخور بولۇپ، پۈتكۈل جاھاندىكى يەھۇدىيلار ئارىسىدا ماجىرا-توپىلاڭ پەيدا قىلىشنى كۈشكۈرتكۈچى، شۇنداقلا «ناسارەتلىكلەر» دەپ ئاتالغان مەزھەپنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرىدۇر. [6-7] ئۇ بىزنىڭ ئىبادەتخانىمىزنىمۇ بۇلغىماقچى بولغانىدى. شۇڭا، بىز ئۇنى تۇتۇۋالدۇق ۋە ئۇنى ئۆز قانۇنىمىز بويىچە سوتلايتتۇق. لېكىن مىڭبېشى لىسىياس ئەشەددىي زورلۇق بىلەن ئۇنى قوللىرىمىزدىن تارتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ئەرز قىلغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە بۇيرۇغانىدى. [8] ئۇنى سوراق قىلىپ كۆرسىلە، بىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئەرزلىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ يېتەلەيلا!

[9] سورۇندا بولغان يەھۇدىيلارمۇ ئۇنىڭ ئىيتقانلىرىغا قوشۇلۇپ: راست، راست، دەپ شىكايەتنى كۈچەيتتى.

## پاۋلۇسنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى

[10] ۋالىي پاۋلۇسقا سۆز قىلغىن دەپ قول ئىشارىتىنى قىلغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى:

---

ئېسەنلىككە نېسىپ بولۇپ كەلمەكتىمىز». **«ئالدىن كۆرەرلىكلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا دانا ئىسلاھاتلار بارلىققا كەلتۈرۈلمەكتە، بىز بۇ ئىشلاردىن ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا تولۇق مىننەتدارلىق بىلەن بەھرىمان بولۇۋاتىمىز»** ــ بەزى رىملىق تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىرى بويىچە، فېلىكس ئەمەلىيەتتە ئاچكۆز، رەھىمسىز ۋە قابىلىيەتسىز ئادەم ئىدى.

**4:24 «ئۆز ۋاقىتلىرىنى كۆپ ئىلىپ قويماسلىقىم ئۈچۈن...»** ــ ياكى «ئۆزلىرىنى ئارتۇقچە ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن...».

**7-6:24 «ئۇ بىزنىڭ ئىبادەتخانىمىزنىمۇ بۇلغىماقچى بولغانىدى....»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «ۋە ئۇنى ئۆز قانۇنىمىز بويىچە سوتلايتتۇق. لېكىن مىڭبېشى لىسىياس ئەشەددىي زورلۇق بىلەن ئۇنى قوللىرىمىزدىن تارتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ئەرز قىلغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە بۇيرۇغانىدى» دېگەن سۆزلەر مۇشۇ يەردە تېپىلماي، پەقەت «ئۇ بىزنىڭ ئىبادەتخانىمىزنىمۇ بۇلغىماقچى بولغانىدى» دېيىلىدۇ.

**7-6:24** روس. 28:21.

مەن سىلىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ خەلقنى سوراپ
كەلگەنلىكلىرىنى بىلگەچكە، خاتىرجەملىك بىلەن ئالدىلىرىدا
ئۆزۈم توغرامدا جاۋاب بېرىمەن. [11] ئاسانلا بىلەلەيدىلىكى، مەن
يېرۇسالېمغا ئىبادەت قىلىشقا بارغىنىمدىن ھازىرغىچە پەقەت ئون
ئىككى كۈنلا ئۆتتى. [12] ئۇلار مېنىڭ ئىبادەتخانىدا بىرەر ئادەم بىلەن
مۇنازىرىلەشكىنىمنى كۆرمىگەن، ياكى سىناگوگلاردا ياكى شەھەردە
ئاممىنى توپىلاڭغا قۇتراتقانلىقىمنىمۇ ھېچ كۆرمىدى. [13] ئۇلار يەنە
ھازىر جانابلىرىغا مېنىڭ ئۈستۈمدىن قىلغان شىكايەتلىرىگە ھېچ
ئىسپاتمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ.
[14] بىراق سىلىگە شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، مەن ئۇلار «مەزھەپ» دەپ
ئاتىغان يول بىلەن مېڭىپ، تەۋراتتا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدا
پۈتۈلگەنلەرنىڭمۇ ھەممىسىگە ئىشىنىپ، ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ
خۇداسىغا ئىبادەت قىلىمەن. [15] مېنىڭ خۇداغا باغلىغان ئۈمىدىم باركى
(بۇ كىشىلەرمۇ بۇ ئۈمىدنى تۇتىدۇ)، كەلگۈسىدە ھەم ھەققانىيلارنىڭ
ھەم ھەققانىيسىزلارنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى بولىدۇ.
[16] شۇ سەۋەبتىن، ئۆزۈم ھەمىشە خۇدا ئالدىدىمۇ، ئىنسانلار ئالدىدىمۇ
پاك ۋىجدانلىق بولۇشقا ئىنتىلىمەن. [17] مەن يېرۇسالېمدىن
ئايرىلغىلى خېلى يىللار بولغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇ يەرگە ئۆز

---

**12:24** روس. 8:25؛ 17:28.

**14:24 «تەۋراتتا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدا پۈتۈلگەنلەرنىڭمۇ ھەممىسىگە ئىشىنىپ،...»** ــ «تەۋراتتا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى»: يەھۇدىي خەلقى بەزىدە مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن بەش كىتابنى «تەۋرات» ۋە تەۋراتتىكى باشقا قىسىملارنى «زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى» دەپ ئاتايدۇ. «تەبىرلەر» ۋە تەۋراتتىكى «كىرىش سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

**15:24 «مېنىڭ خۇداغا باغلىغان ئۈمىدىم باركى بۇ كىشىلەرمۇ بۇ ئۈمىدنى تۇتىدۇ، كەلگۈسىدە ھەم ھەققانىيلارنىڭ ھەم ھەققانىيسىزلارنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى بولىدۇ»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە شۇ ئايانكى، ئىنجىلدا «ئۈمىد» تىلغا ئېلىنغاندا مۇجمەل بىر تىلەك-ئارزۇ ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ۋەدىلىرىگە ئاساسلىنىپ، مۇقىم، پۇختا مەلۇم بىر ئىشنى كۈتۈشنى بىلدۈرىدۇ.

**16:24** روس. 1:23.

خەلقىمگە خەير-سەدىقە يەتكۈزۈپ بەرگىلى ۋە خۇدا ئالدىغا ھەدىيە سۇنغىلى بارغانىدىم. [18] مەن بۇ ئىشلاردا بولۇۋاتاتتىم، بۇلار مېنى تازىلىنىش قائىدىسىنى ئادا قىلىپ بولغان چاغدا ئىبادەتخانا ھويلىسىدا ئۇچراتتى؛ لېكىن مەن ئەتراپىمغا ئادەم توپلىغىنىممۇ يوق، مالىمانچىلىق چىقارغىنىممۇ يوق. [19] ئەمەلىيەتتە مېنى ئۇچراتقانلار بولسا ئاسىيا ئۆلكىسىدىن كەلگەن بەزى يەھۇدىيلار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئۇستۇمدىن شىكايەتلىرى بار بولسا، ئەسلى ئۇلار ئۆزلىرى كېلىپ، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئەرز قىلىشقا توغرا كېلەتتى. [20] بولمىسا، مۇشۇ سورۇندىكىلەر ئالىي كېڭەشمە ئالدىدا تۇرغىنىمدا، مېنىڭدىن قانداق جىنايەت تاپقانلىقىنى ئېيتىپ باقسۇن! [21] پەقەت مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى: ــ مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا، «بۈگۈنكى كۈندە ئۆلگەنلەرنىڭ قايتا تىرىلىشى توغرۇلۇق سىلەرنىڭ سورىقىڭلارغا تارتىلغانمەن!» دەپ ۋارقىرىغانىدىم.

[22] رەبنىڭ يولى توغرۇلۇق تەپسىلىي خەۋىرى بار بولغان فېلىكس سوراقنى توختىتىپ، ئۇلارغا:

مىڭبېشى لىسىياس كەلگەندە دەۋايىڭلار توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى چىقىرىمەن، ــ دېدى.

[23] ئۇ يۈزبېشىغا پاۋلۇسنى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ، ئەمما ئۇنىڭغا بىرئاز كەڭچىلىك قىلىپ، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۇنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقىشىنى توسمىغىن، دەپ بۇيرۇدى.

## پاۋلۇس ۋالىي فېلىكس بىلەن درۇسىلانىڭ ئالدىدا

[24] بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ۋالىي فېلىكس ئايالى درۇسىلا بىلەن بىللە كەلدى (دىرۇسىلا يەھۇدىي ئىدى). ئۇ پاۋلۇسنى چاقىرتىپ،

**17:24** روس. 29:11؛ رىم. 25:15.

**18:24** روس. 27:21.

**21:24** روس. 6:23؛ 20:28.

**23:24** روس. 3:27؛ 16:28.

ئۇنىڭدىن مەسىھ ئەيساغا ئېتىقاد قىلىش يولى توغرۇلۇق ئاڭلىدى.
25 پاۋلۇس ھەققانىي ياشاش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، قىيامەت كۈنىدىكى
سوئال-سوراق قىلىنىشلار توغرىسىدا سۆزلەۋاتقاندا، فېلىكس
ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۇنىڭغا:
ھازىرچە قايتىپ تۇرساڭ بولىدۇ. كېيىن ماڭا پەيت كەلگەندە، يەنە
چاقىرتىمەن، ــ دېدى.
26 ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پاۋلۇسنىڭ پارا بېرىشىنى ئۈمىد
قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئىمكانقەدەر پات-پات چاقىرتىپ، ئۇنىڭ
بىلەن سۆزلىشەتتى. 27 لېكىن ئىككى يىل توشقاندا، فېلىكسنىڭ
ئورنىغا پوركىيۇس فېستۇس ۋالىي بولدى. فېلىكس يەھۇدىيلارغا
ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن پاۋلۇسنى
سولاقتا قالدۇردى.

## پاۋلۇسنىڭ ۋالىي فېستۇسنىڭ ئالدىدا سوراق قىلىنىشى

25 1 فېستۇس يەھۇدىيە ئۆلكىسىگە كىرىپ، ئۈچ كۈندىن
كېيىن قەيسەرىيەدىن چىقىپ يېرۇسالېمغا بارغاندى. 2 باش
كاھىنلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا پاۋلۇسنىڭ
ئۈستىدىن رەسمىي شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلتىپات سوراپ،
ئادەم ئەۋەتىپ پاۋلۇسنى 3 يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىشنى ئۆتۈندى.
مەقسىتى، ئۇلار يول ئۈستىدە بۆكتۈرمە تەييارلاپ پاۋلۇسنى ئۆلتۈرۈش
ئىدى. 4 فېستۇس بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارغا:
پاۋلۇس ھازىر قەيسەرىيەدە سولاقتا تۇرۇۋەرسۇن. مەن يېقىندا ئۇ
يەرگە قايتىپ كەتمەكچىمەن. 5 ئاراڭلاردىن ھوقۇقدار بولغانلار مەن

---

27:24 **«فېلىكس يەھۇدىيلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن...»** ــ ياكى «فېلىكس يەھۇدىيلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن...».

1:25 **«فېستۇس يەھۇدىيە ئۆلكىسىگە كىرىپ...»** ــ ياكى «فېستۇس ئۆلكىنىڭ ۋالىيلىقىغا كىرىپ،...».

بىلەن بىللە چۈشسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر ئەيىبى بولسا، ئۇلار شۇ يەردە شىكايەت قىلسا بولىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى.
[6]فېستۇس ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەككىز-ئون كۈندىن ئارتۇق تۇرماي، قەيسەرىيەگە قايتىپ چۈشتى. ئەتىسى سوراق تەختىگە ئولتۇرۇپ، پاۋلۇسنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. [7]پاۋلۇس كەلگەندە، يېرۇسالېمدىن چۈشكەن يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئېغىر جىنايەتلەر بىلەن قارىلاپ شىكايەتلەرنى قىلدى. بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. [8]پاۋلۇس ئۆزىنى ئاقلاپ:
مەن ھېچقايسى ئىشتا يەھۇدىيلارنىڭ قانۇنىغا، ئىبادەتخانىسىغا ياكى ئىمپېراتور قەيسەرگە قارشى بىرەر جىنايەتمۇ سادىر قىلمىدىم، ــ دېدى.
[9]لېكىن، فېستۇس يەھۇدىيلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا، ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسەتمەكچى بولۇپ پاۋلۇستىن:
يېرۇسالېمغا بېرىپ، ئۇ يەردە مېنىڭ ئالدىمدا بۇ شىكايەتلەرگە ئاساسەن سوتلىنىشقا رازى بولامسەن؟ ــ دەپ سورىدى.
[10]لېكىن پاۋلۇس جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
مەن ھازىر قەيسەرنىڭ سوراق تەختى ئالدىدا تۇرىمەن. مېنى سوراق قىلىشقا تېگىشلىك يەر مانا مۇشۇ. ئۆزلىرىگە ئېنىق مەلۇم بولغاندەك، مەن يەھۇدىيلارغا ھېچقانداق ناھەقلىق قىلمىدىم. [11]ئەگەر جىنايىتىم بولسا، شۇنداقلا ئۆلۈمگە لايىق بىرەر ئىش قىلغان بولسام، مەن ئۆزۈمنى ئۆلۈمدىن قاچۇرمايمەن. بىراق ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن قىلغان شىكايەتلىرىنىڭ ئاساسى بولمىسا، ھېچكىمنىڭ مېنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ھەققى يوق. مەن

---

**8:25** روس. 12:24؛ 17:28.

**10:25 «مەن ھازىر قەيسەرنىڭ سوراق تەختى ئالدىدا تۇرىمەن»** ــ ئىمپېراتور قەيسەرنىڭ ئالدىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سوراقچى ۋەكىلى (فېستۇس)نىڭ ئالدىدا، ئەلۋەتتە.

قەيسەرگە مۇراجىئەت قىلىمەن!
[12] ئاندىن فېستۇس مەسلىھەتچىلىرى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، پاۋلۇسقا:
سەن قەيسەرگە مۇراجىئەت قىلدىڭ ــ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەمدى بارىسەن!
ــ دېدى.

## ۋالىي فېستۇسنىڭ ئاگرىپپا خان اادىن پاۋلۇس توغرىسىدا نەسىھەت سورىشى

[13] بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئاگرىپپا خان بىلەن سىڭلىسى بەرنىكى فېستۇسقا تەبرىك-سالامغا قەيسەرىيەگە كەلدى. [14] ئۇ يەردە ئۇزۇن كۈنلەر تۇرغاندىن كېيىن، فېستۇس پاۋلۇسنىڭ ئىشىنى خانغا مەلۇم قىلىپ:
بۇ يەردە فېلىكس قالدۇرۇپ كەتكەن بىر مەھبۇس بار. [15] مەن يېرۇسالېمغا بارغىنىمدا، يەھۇدىي باش كاھىنلىرى بىلەن ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، مەندىن ئۇنى جازاغا مەھكۇم قىلىشىمنى تەلەپ قىلىشتى. [16] مەن ئۇلارغا، ئەرز قىلىنغۇچى ئەرز قىلغۇچىلار بىلەن يۈزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاقلاش پۇرسىتى بېرىلمىگۈچە، ئۇنى جازاغا تاپشۇرۇش رىملىقلارنىڭ ئادىتى ئەمەستۇر، دەپ ئېيتتىم. [17] شۇڭا ئۇلار مەن بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، مەن ۋاقىتنى كەينىگە سوزماي، ئەتىسىلا سوراق تەختىگە ئولتۇرۇپ ئۇ كىشىنى ئەكىلىشنى بۇيرۇدۇم. [18] ئەرز قىلغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن

---

**11:25 «ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن قىلغان شىكايەتلىرىنىڭ ئاساسى بولمىسا، ھېچكىمنىڭ مېنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ھەققى يوق. مەن قەيسەرگە مۇراجىئەت قىلىمەن!»** ــ ھەربىر رىم پۇقراسى شىكايەت قىلىنغاندا سوتنىڭ قارارىغا نارازى بولسا، يۇقىرىغا (قەيسەرنىڭ ئۆزىگە) مۇراجىئەت قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى.

**11:25** روس. 14:18.

**14:25** روس. 27:24.

شىكايەت قىلغانلىرى مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك رەزىل ئىشلار ئەمەس
ئىدى، [19] بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىبادەت تۈزۈمى توغرۇلۇق ۋە ئەيسا
ئىسىملىك بىر كىشى ھەققىدە مەلۇم تالاش-تارتىش مەسىلىلىرى
بار ئىكەن. ئۇ كىشى ئۆلگەن بولۇپ، پاۋلۇس بولسا ئۇ تىرىلدى
دەيدىكەن. [20] بۇ مەسىلىلەرنى زادى قانداق ئېنىقلاشنى بىلەلمەي،
مەن پاۋلۇستىن يېرۇسالېمغا بېرىپ، ئۇ يەردە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق
سوراقتا تارتىلىشقا رازى بولۇش-بولماسلىقىنى سورىغانىدىم.
[21] پاۋلۇس سولاقتا تۇرۇپ ئىمپېراتور جانابلىرىنىڭ سوراق قارارىنى
چىقىرىشىنى مۇراجىئەت قىلغاندىن كېيىن، مەن ئۇنى قەيسەرنىڭ
ئالدىغا ئەۋەتكۈچە، سولاقتا تۇتۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇدۇم.
[22] ئاگرىپپا فېستۇسقا:
مېنىڭمۇ بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باققۇم بار، ــ دېدى.
ئەتە ئاڭلايسىز، ــ دېدى ئۇ.
[23] شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى، ئاگرىپپا بىلەن بەرنىكى ھەيۋەت بىلەن
ئاممىۋىي يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى، مىڭبېشىلار ۋە شەھەر
كاتتىۋاشلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كىرىپ كېلىشتى. فېستۇس ئەمر
قىلىۋىدى، پاۋلۇس ئېلىپ كىرىلدى.
[24] فېستۇس مۇنداق دېدى:
ئاگرىپپا پادىشاھ ئالىيلىرى ۋە مۇشۇ سورۇنغا يىغىلغان جانابلار!
بۇ كىشىنى كۆرۈۋاتىسىلەر. ھەم يېرۇسالېمدا ھەم بۇ يەردە پۈتۈن
يەھۇدىي ئاھالىسى ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئەرز قىلىپ ماڭا مۇراجىئەت
قىلىپ، ئۇ تىرىك قالدۇرۇشقا بولمايدۇ! ــ دەپ چۇرقىراشقانىدى.
[25] لېكىن مەن ئۇنىڭدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بىرەر
جىنايەت تاپالمىدىم. ھازىر بۇ كىشى ئىمپېراتور جانابلىرىغا
مۇراجىئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى رىمغا ئەۋەتىشنى قارار
قىلدىم. [26] بىراق ئۇنىڭ ھەققىدە غوجامغا مەلۇم قىلىپ يازغۇدەك

**25:25** روس. 9:23؛ 31:26.

ئىش يوق. شۇنىڭ بىلەن ئەھۋالنى رەسمىي تەكشۈرۈپ بىرەر يازغۇدەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە ئۇنى ھەربىرلىرىڭنىڭ ئالدىغا، بولۇپمۇ سىلى، ئاگرىپپا پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم. [27] چۈنكى مەھبۇسنى سوتقا ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتلەرنى ئېنىق كۆرسەتمەسلىك ماڭا نىسبەتەن ئورۇنلۇق ئەمەستەك بىلىنىدۇ.

## پاۋلۇسنىڭ ئاگرىپپا خان ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىشى

26 [1] شۇنىڭ بىلەن، ئاگرىپپا پاۋلۇسقا:
ئۆزۈڭنىڭ گېپىڭنى قىلىشىڭغا رۇخسەت، ــ دېدى.
پاۋلۇس قولىنى سوزۇپ ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى:

[2-3] ــ ئى ئاگرىپپا خان، بۈگۈن ئالدىلىرىدا يەھۇدىيلار مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلغان پۈتۈن ئىشلار توغرۇلۇق جاۋاب بېرىش پۇرسىتىگە نېسىپ بولغانلىقىم ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشلىرىدىن خەۋەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن! شۇنىڭ ئۈچۈن دېگەنلىرىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بېقىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

[4] مېنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىمدا، يەنى كىچىكىمدىن تارتىپ ئۆز ئېلىمدە، يېرۇسالېمدا يۈرۈش-تۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان. [5] ئۇلار شۇ دەسلەپكى ۋاقتىمدىن بېرى مېنى تونۇغاچقا (ئەگەر خالىسائىدى، شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەتتى)، مېنىڭ ئىبادەت تۈزۈمىدىكى ئەڭ تەلەپچان مەزھەپنىڭ شەرتلىرى بويىچە ياشاپ، يەنى پەرىسىي بولۇپ ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزگىنىمنى بىلىدۇ. [6] ئەمدى مەن خۇدا ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا قىلغان ۋەدىگە باغلىغان ئۈمىدىم تۈپەيلىدىن ھازىر سوراق قىلىن

ىۋاتىمەن. [7] شۇ ۋەدىنىڭ ئىسىسقۇسىگە يېتىشنى بىزنىڭ پۈتكۈل ئون
ئىككى قەبىلىمىز كېچە-كۈندۈز توختاۋسىز خۇداغا ئىبادەت قىلىپ
ئۈمىد قىلماقتا. ئى ئالىيلىرى، يەھۇدىيلارنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن
قىلغان شىكايەتلىرى دەل شۇ ئۈمىدكە باغلىقتۇر! [8] خالايىق، خۇدا
ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرسە، نېمە ئۈچۈن ئىشىنىشكە بولمايدۇ، دەپ
قارايسىلەر؟
[9] دەرۋەقە، ئۆزۈممۇ ئەسلىدە ناسارەتلىك ئەيسانىڭ نامىغا قارشى
نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك دەپ قايىل ئىدىم [10] ۋە يېرۇسالېمدا
ئەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلغانىدىم. باش كاھىنلاردىن ھوقۇق
ئېلىپ، ئۆزۈم خۇدانىڭ نۇرغۇن مۇقەددەس بەندىلىرىنى زىندانغا
تۇتۇپ بەرگەن، ئۇلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىمۇ، ھۆكۈمگە ئاۋاز
قوشقانىدىم. [11] مەن ھەممە سىناگوگلاردا كۆپ قېتىم ئۇلارنى ئىزدەپ
تېپىپ جازالاپ، كۇپۇرلۇق گەپ قىلىشقا زورلىغانىدىم. مەن ئۇلارغا
تەلۋىلەرچە ئۆچ بولۇپ، ھەتتا ياقا يۇرتتىكى شەھەرلەرگە بېرىپ،
ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغانىدىم.
[12] بۇ ئىشلاردا بولۇپ باش كاھىنلار بەرگەن تولۇق ۋەكىللىك ھوقۇقى
بىلەن دەمەشق شەھىرىگە قاراپ سەپەر قىلىۋاتاتتىم. [13] چۈش ۋاقتىدا
يولدا كېتىۋېتىپ، ئاسماندىن چۈشكەن، قۇياش نۇرىدىنمۇ كۈچلۈك

**6:26** يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 24:9؛ مك. 20:7.

**8:26 «خالايىق، خۇدا ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرسە، نېمە ئۈچۈن ئىشىنىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايسىلەر؟»** ــ دېمىسەكمۇ، پاۋلۇس كۆزدە تۇتقان ئۈمىد (7-ئايەتنى كۆرۈڭ) خۇدانىڭ ۋەدىسى بىلەن، مەسىھ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتقا تىرىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

**9:26** روس. 3:8؛ 1:9؛ 4:22؛ 1كور. 9:15؛ گال. 1:13؛ 1تىم. 13:1.

**10:26 «ئۇلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىمۇ، ھۆكۈمگە ئاۋاز قوشقانىدىم»** ــ «ئاۋاز قوشقانىدىم» گرېك تىلىدا «مەن ئۇلارغا قارا تاش تاشلىدىم». يەھۇدىيلار ئارىسىدا كونا زامانلاردا «ئاۋاز بېرىش» ئاق ياكى قارا بىر تاشنى تاشلاش بىلەن بىلدۈرۈلەتتى.

**11:26 «مەن ... ئۇلارنى ... كۇپۇرلۇق گەپ قىلىشقا زورلىغانىدىم»** ــ «كۇپۇرلۇق گەپ قىلىش» مۇشۇ يەردە مەنىسى بەلكىم مەسىھكە كۇپۇرلۇق سۆز قىلىپ، ئېتىقادىتىن ۋاز كېچىشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

بىر نۇرنىڭ ئەتراپىمنى ۋە بىللە كېتىۋاتقانلارنى يورۇتۇۋەتكەنلىكىنى
كۆردۈم. [14] ھەممىمىز يەرگە يىقىلغان بولۇپ مەن ئىبرانىي تىلىدا
ئېيتىلغان: «ئەي سائۇل، سائۇل! ماڭا نېمىشقا زىيانكەشلىك
قىلىسەن؟ سېنى زىخلاشلارغا قارشى تەپمىكىڭ سەن ئۈچۈن تەس
كېلىدۇ!» دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم.
[15] مەن: ــ «ئى رەب، سەن كىمسەن؟» دەپ سورىسام، رەب ماڭا: «مەن
سەن زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان ئەيسادۇرمەن! [16] ئەمدى ئورنۇڭدىن
تۇر؛ چۈنكى مەن سېنى سەن كۆرگەن ئىشلارغا ھەمدە ئۆزۈم ساڭا ئايان
قىلىنغىنىمدا كۆرىدىغان ئىشلارغا خەزىنىچى غوجىدار ۋە گۇۋاھلىق
بەرگۈچى بولۇشقا تىكلەش ئۈچۈن، ساڭا ئايان بولدۇم. [17-18] مەن
سېنى ئۆز خەلقىڭنىڭ ھەم ئەللەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىمەن
ــ چۈنكى مەن سېنى يات ئەللىكلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ،
ئۇلارنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، شەيتاننىڭ ئىلكىدىن خۇداغا
باغلىنىشقا بۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتىمەن. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈمىگە، شۇنداقلا ماڭا ئېتىقاد
قىلىش ئارقىلىق پاك-مۇقەددەس قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا مىراسقا
مۇيەسسەر بولىدۇ» ــ دېدى.
[19] شۇڭا، ئى ئاگرىپپا ئالىيلىرى، مەن ئەرشتىن كەلگەن بۇ غايىبانە
كۆرۈنۈشكە ئىتائەتسىزلىك قىلمىدىم. [20] بەلكى ئالدى بىلەن

---

14:26 **«سېنى زىخلاشلارغا قارشى تەپمىكىڭ سەن ئۈچۈن تەس كېلىدۇ!»** ــ رەب سائۇلنى جاھىل ئېشەككە ئوخشىتىدۇ. ئېشەكنى ئىگىسى زىخلىغاندا ماڭماي قىيىق ئاتسا تېخىمۇ ئازاب تارتىدۇ، ئەلۋەتتە. سائۇلنىڭ ۋىجدانى شۇنىڭغا ئوخشاش رەبنىڭ بەندىلىرىگە يامانلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن سانجىلغان بولسا كېرەك.

16:26 **«ئۆزۈم ساڭا ئايان قىلىنغىنىمدا كۆرىدىغان ئىشلارغا خەزىنىچى غوجىدار ۋە گۇۋاھلىق بەرگۈچى بولۇشقا تىكلەش ئۈچۈن، ساڭا ئايان بولدۇم»** ــ «خەزىنىچى غوجىدار» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ دېمەك، سائۇل مەسىھ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋە تاپشۇرىدىغان ۋەھىيلەرنى ۋە كالام-سوزنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان «خەزىنىچى» ياكى «ئامانەتچى» بولىدۇ ۋە كەلگۈسىدە بۇ ھەقىقەتلەرنى بارلىق جامائەتلەرگە يەتكۈزۈش خىزمىتىدە بولىدۇ.

**17:26-18** يەش. 1:60.

دەمەشق خەلقىگە، ئاندىن يېرۇسالېم شەھىرىدىكىلەرگە، پۈتۈن
يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىكىلەرگە ھەمدە يات ئەللىكلەرگىمۇ، «توۋا
قىلىپ، خۇداغا باغلىنىڭلار، شۇنداقلا توۋا قىلىشقا ئۇيغۇن
ئەمەللەرنى كۆرسىتىڭلار» دەپ جاكارلاپ خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلدىم.
[21]بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن يەھۇدىيلار مېنى ئىبادەتخانا ھويلىسىدا
تۇتۇپ، مۇشتلاپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشتى. [22]لېكىن بۈگۈنگىچە
خۇدانىڭ ياردەم-مەدىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ مەن چىڭ تۇرۇۋاتىمەن،
تۆۋەندىكىلەر بولسۇن يۇقىرىدىكىلەر بولسۇن ھەممەيلەنگە
گۇۋاھلىق بېرىپ كەلدىم. گۇۋاھلىقىم دەل پەيغەمبەرلەر ھەم مۇسا
ئۆزى بېشارەت قىلىپ ئېيتقانلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ــ [23]دېمەك،
مەسىھ جەزمەن ئازاب-ئوقۇبەت چېكىپ، تۇنجى بولۇپ ئۆلۈمدىن
تىرىلگۈچى بولۇپ يەھۇدىي خەلقىگە ھەم پۈتكۈل ئەللەرگىمۇ
يورۇقلۇق جاكارلايدۇ.
[24]پاۋلۇس بۇ ئىشلارنى ئېيتىپ ئۆزىنى شۇنداق ئاقلاش جاۋابىنى
بەرگەندە، فېستۇس يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا:
پاۋلۇس، ساراڭ بولۇپسەن! بىلىمىڭنىڭ كۆپلىكى ئەقلىڭنى
ئازدۇرۇپتۇ! ــ دېدى.
[25]لېكىن پاۋلۇس: ــ ساراڭ ئەمەسمەن، ئى فېستۇس جانابلىرى،
مەن بەلكى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ھەم سالمىقى بار سۆزلەرنى جار
قىلىمەن. [26]چۈنكى ئاگرىپپا ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى
بار. مەن ئۇنىڭغا يۈرەكلىك بىلەن ئوچۇق سۆزلەۋاتىمەن، چۈنكى بۇ
ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ئەمەسلىكىگە
ئىشىنىمەن. چۈنكى بۇ ئىش بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا قىلىنغان ئەمەس!

---

**20:26** روس. 19:9، 28؛ 17:22، 21.

**21:26** روس. 30:21.

**23:26** يەش. 1-3:60، 19، 20

26:26 **«چۈنكى بۇ ئىش بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا قىلىنغان ئەمەس!»** ــ «بۇ ئىش» ــ مەسىھنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى، دېمەك.

[27]ــ ئەي ئاگرىپپا ئالىيلىرى، ئۆزلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنەمدىلا؟ مەن ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن! ــ دېدى.
[28]ئاگرىپپا پاۋلۇسقا:
سەن مېنى مۇشۇنچىلىك قىسقىغىنا ۋاقىتتا خرىستىئان بولۇشقا قايىل قىلماقچىمۇسەن؟ ــ دېدى.
[29]پاۋلۇس:
مەيلى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياكى ئۇزۇن ۋاقىتتا بولسۇن، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى بۈگۈن سۆزۈمنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش بولغاي (پەقەت مەندىكى زەنجىرلەر سىلەردە بولمىسۇن!) دەپ خۇدادىن تىلەيمەن، ــ دېدى.
[30]شۇنىڭ بىلەن ئاگرىپپا خان، شۇنداقلا ۋالىي، بەرنىكى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، [31]زالدىن چىقىپ، بىر-بىرىگە:
بۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمگە ياكى تۈرمىگە سولاشقا تېگىشلىك ھېچبىر جىنايىتى يوق ئىكەن! ــ دېيىشتى.
[32]ئاگرىپپا فېستۇسقا:
بۇ ئادەم قەيسەرگە مۇراجىئەت قىلمىغان بولسا، قويۇپ بېرىلسە بولىدىكەنتۇق! ــ دېدى.

---

28:26 **«سەن مېنى مۇشۇنچىلىك قىسقىغىنا ۋاقىتتا خرىستىئان بولۇشقا قايىل قىلماقچىمۇسەن؟»** ــ «خرىستىئان» توغرۇلۇق 11:26دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
29:26 **«مەيلى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياكى ئۇزۇن ۋاقىتتا بولسۇن ... بۈگۈن سۆزۈمنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش بولغاي...»** ــ پاۋلۇسنىڭ ئۇلارنى نىجاتلىققا ئېرىشسۇن دەپ ئۆزىنىڭ كېرەك بولسا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سۆزلىگەنلىكىگە رازى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
**29:26** 1كور. 7:7.
**31:26** روس. 9:23؛ 25:25.

## پاۋلۇس ۋە ھەمراھلىرىنىڭ رىم شەھىرىگە قىلغان دېڭىز سەپىرى

27 [1] بىزنىڭ ئىتالىيەگە دېڭىز يولى بىلەن بېرىشىمىز قارار
قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمەلدارلار پاۋلۇس بىلەن باشقا
بىرنەچچە مەھبۇسنى «ئاۋغۇستۇس قىسمى»دىكى يۇلىيۇس
ئىسىملىك بىر يۈزبېشىغا تاپشۇردى. [2] بىز ئادرامىتتىئۇمنىڭ بىر
كېمىسىگە چىقتۇق. كېمە ئاسىيا ئۆلكىسىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى
شەھەرلەرگە باراتتى. تېسالونىكا شەھىرىدىن بولغان ماكېدونىيەلىك،
ئارىستارخۇس ئىسىملىك بىر كىشى بىز بىلەن ھەمسەپەر بولدى.
[3] ئەتىسى بىز زىدون شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. يۇلىيۇس پاۋلۇسقا
كەڭچىلىك قىلىپ، شۇ يەردىكى دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ يېنىغا
بېرىپ ئۇلارنىڭ غەمخورلۇقىنى قوبۇل قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى.
[4] بىز ئۇ يەردىن يەنە دېڭىزغا چىقتۇق. شاماللار قېرىشقاندەك قارشى
تەرىپىمىزدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، سىپرۇس ئارىلىنىڭ شامالغا
دالدا تەرىپى بىلەن ماڭدۇق. [5] كىلىكىيە ۋە پامفىلىيە ئۆلكىلىرىنىڭ
ئۇدۇلىدىكى دېڭىزدىن ئۆتۈپ، لىكىيە ئۆلكىسىدىكى مىرا
شەھىرىگە كەلدۇق. [6] شۇ يەردە يۈزبېشى ئىسكەندەرىيە شەھىرىدىكى
ئىتالىيەگە بارىدىغان باشقا بىر كېمىنى تېپىپ، بىزنى ئۇنىڭغا
چىقىرىپ قويدى.
[7] دېڭىزدا كۆپ كۈنلەر ناھايىتى ئاستا مېڭىپ، تەسلىكتە كىنىدوس
شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدۇق. شامال مېڭىش يۆنىلىشىمىزنى
توسۇۋاچقا، كرېت ئارىلىنىڭ شامالدىن دالدا تەرىپى بىلەن مېڭىپ،
سالمونىي يېرىم ئارىلىدىن ئۆتۈپ، [8] دېڭىزدا تەسلىكتە ئىلگىرىلەپ

---

1:27 **«بىزنىڭ ئىتالىيەگە دېڭىز يولى بىلەن بېرىشىمىز...»** — «بىز» دېگەن سۆزگە قارىغاندا لۇقا قايتىدىن پاۋلۇسقا ھەمراھ بولغانىدى. «ئىتالىيەگە» — رىم شەھىرى ئىتالىيەنىڭ پايتەختى ئىدى. **«ئاۋغۇستۇس قىسمى»** — ياكى «شاھانە قوشۇن». «ئاۋغۇستۇس» بولسا بىرىنچى رىم ئىمپېراتورى ئىدى. «قىسىم» ياكى «قوشۇن» مۇشۇ يەردە 600 لەشكەرلىك بىرلىكنى كۆرسىتىدۇ.

**3:27** روس. 23:24؛ 16:28.

7:27 **«شامال مېڭىش يۆنىلىشىمىزنى توسۇۋاچقا، كرېت ئارىلىنىڭ شامالدىن دالدا**

قىرغاقنى بويلاپ، لاسىيا شەھىرىگە يېقىن بولغان «گۈزەل ئارامگاھ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەرگە كەلدۇق.
[9] سەپەر بىلەن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ، روزا كۈنى ئاللىقاچان ئۆتكەن بولغاچقا، دېڭىزدا سەپەر قىلىش خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا پاۋلۇس كۆپچىلىككە نەسىھەت قىلىپ:
[10] — بۇرادەرلەر، بۇ سەپەرنىڭ بالايىئاپەت ۋە ئېغىر زىيان بىلەن تۈگەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن؛ مال ۋە كېمىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، سەپەر ئۆز جېنىمىزغىمۇ زامىن بولىدۇ! — دەپ ئاگاھلاندۇردى.
[11] بىراق يۈزبېشى بولسا پاۋلۇسنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، كېمە باشلىقى بىلەن كېمە ئىگىسىنىڭ سۆزىگە ئىشەندى. [12] ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ پورتمۇ قىشلاشقا مۇۋاپىق جاي بولمىغاچقا، كۆپچىلىك يەنە دېڭىزغا چىقىپ، مۇمكىنقەدەر فېنىكس شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، شۇ يەردە قىشلاشنى قۇۋۋەتلىدى. فېنىكس بولسا كرېت ئارىلىدىكى بىر دېڭىز پورتى بولۇپ، بىر تەرىپى غەربىي جەنۇبقا ۋە بىر تەرىپى غەربىي شىمالغا قارايتتى.

## دېڭىزدىكى بوران-چاپقۇن

[13] جەنۇبتىن مەيىن شامال چىقىۋاتاتتى، كۆپچىلىك نىشانىمىزغا يېتىدىغان بولدۇق دەپ، لەڭگەرنى ئېلىۋېتىپ، كېمىنى كرېت

---

**تەرىپى بىلەن مېڭىپ، سالمونىي يېرىم ئارىلىدىن ئۆتۈپ...»** — ئەسلىدە ئۇلار مەغرىب تەرەپكە ماڭماقچى، ھازىر جەنۇبقا قاراپ ماڭىدۇ. «روسۇل پاۋلۇسنىڭ سەپەرلىرى» دېگەن خەرىتىنى كۆرۈڭ.

9:27 **«روزا كۈنى ئاللىقاچان ئۆتكەن بولغاچقا،...»** — يەھۇدىيلارنىڭ «روزا كۈنى» ئادەتتە توققۇزىنچى ئايدا بولىدۇ، ھازىر كۈز پەسلى بولسا كېرەك. ئونىنچى ئايدىن كېيىن بوران كۆپ بولغانلىقتىن «ئوتتۇرا دېڭىز»دا سەپەر قىلىش خەتەرلىك ئىدى.

12:27 **«روزا كۈنى ئاللىقاچان ئۆتكەن بولغاچقا، كۆپچىلىك يەنە دېڭىزغا چىقىپ، مۇمكىنقەدەر فېنىكس شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، شۇ يەردە قىشلاشنى قۇۋۋەتلىدى...»** — فېنىكس پورتى قىشلىق (ئادەتتە شەرقىي جەنۇب ۋە شەرقىي شىمالدىن چىققان) شاماللارغا دالدا بولغاچقا، قىشلاش ئۈچۈن ياخشى جاي ئىدى.

ئارىلىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ ھەيدەپ ماڭدى. [14] لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي،
ئارالدىن قاتتىق «شەرقىي شىمالدىن كەلگۈچى» دەپ ئاتىلىدىغان
ئەشەددىي قارا بوران چىقىپ كەتتى. [15] كېمە بوراننىڭ قامالىلىقىدا
قالغاچقا، ئۇنى شامالغا يۈزلەندۈرەلمەي، بوراننىڭ مەيلىچە
مېڭىشىغا قويۇپ بەردۇق. [16-17] كلاۋدا دېگەن كىچىك بىر ئارالنىڭ
شامالغا دالدا تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ، قولۋاقنى كېمىگە چىقىرىۋېلىپ،
ئارانلا ئۇنى ساقلاپ قالالىدۇق. ئاندىن كېمىچىلەر كېمىنى
ئارغامچىلار بىلەن سىرتىدىن ئوراپ باغلىۋالدى. كېمىنىڭ سىرتىس
دەپ ئاتالغان دېڭىز ئاستىدىكى تاش-قۇم دۆۋىلىرىگە قېقىلىپ
پېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، تورمۇز لەڭگەرلىرىنى چۈشۈرۈپ،
كېمىنى شامالنىڭ ھەيدىشىگە قويۇپ بەردى. [18] بوران ئۈستىمىزگە
شىددەتلىك سوققاچقا، ئەتىسى مالنى دېڭىزغا تاشلاشقا باشلىدى.
[19] ئۈچىنچى كۈنىدە ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن كېمىدىكى قورال-
جابدۇقلىرىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتى. [20] كۆپ كۈنلەرگىچە يا كۈن يا
يۇلتۇزلار كۆرۈنمەي، بوران-چاپقۇن يەنىلا شىددەتلىك ئۈستىمىزگە
توختىماي سوقۇۋەرگەچكە، ئاخىردا قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈمىدىمىزمۇ
يوققا چىققانىدى.

---

17-16:27 **«كلاۋدا دېگەن كىچىك بىر ئارالنىڭ شامالغا دالدا تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ، قولۋاقنى كېمىگە چىقىرىۋېلىپ، ئارانلا ئۇنى ساقلاپ قالالىدۇق»** — ئادەتتە قولۋاق كېمىنىڭ كەينىدىن سۆرىتىلىپ مېڭىلاتتى. **«ئاندىن كېمىچىلەر كېمىنى ئارغامچىلار بىلەن سىرتىدىن ئوراپ باغلىۋالدى»** — بۇ ئارغامچىلار كېمىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن كېمىنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. **«سىرتىس دەپ ئاتالغان دېڭىز ئاستىدىكى تاش-قۇم دۆۋىلىرى»** — «سىرتىس» دېگەن ھازىرقى لىۋىيەدىكى ئىككى دېڭىز قولتۇقىنىڭ ئىسمىدۇر. شۇ قولتۇقلاردا كۆپ تېيىز جايلار ۋە دېڭىز ئاستىدا دائىم كۆچمە قۇم دۆۋىلىرى بولغاچقا، كېمىلەر ئۈچۈن بەك خەتەرلىك جايدۇر. **«كېمىنىڭ ... تورمۇز لەڭگەرلىرى»** — بولسا يېنىكرەك لەڭگەر بولۇپ، دېڭىز تېگىگە تىرىلىپ كېمىنىڭ ئالدىغا مېڭىشىنى ئاستىلىتاتتى. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «يەلكەنلەرنى چۈشۈرۈپ»؛ ئەمما بىزنىڭچە شۇنداق ئەشەددىي بوراندا يەلكەنلەر ئاللىقاچان چۈشۈرۈلگەن بولاتتى.

18:27 **«...ئەتىسى مالنى دېڭىزغا تاشلاشقا باشلىدى»** — مالنى تاشلاشنىڭ مەقستى كېمىنىڭ پارچىلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئۇنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت.

## روسۇل پاۋلۇسنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان 4-سەپىرى




[21]كېمىدىكىلەر بىرنەرسە يېمىگىنىگە كۆپ كۈنلەر بولغاندىن كېيىن، پاۋلۇس ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ:

بۇرادەرلەر، سىلەر بالدۇرلا مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىپ كرېتتىن دېڭىزغا چىقماسلىقىڭلار كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغان بولساڭلار بۇ بالايىئاپەت ۋە زىيان-زەخمەتلەرگە ئۇچرىمىغان بولاتتىڭلار. [22]لېكىن ئەمدى سىلەرنى غەيرەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن. چۈنكى ئاراڭلاردا ھېچقايسىڭلار جېنىڭدىن ئايرىلغىنى يوق، پەقەت كېمىدىنلا مەھرۇم قالىسىلەر. [23]چۈنكى مەن تەۋە بولغان ۋە ئىبادەت-خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسى تۈنۈگۈن كېچە يېنىمغا كېلىپ [24]ماڭا: «پاۋلۇس، قورقما! سەن قەيسەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك؛ ۋە مانا، خۇدا شاپائەت قىلىپ سەن بىلەن بىللە سەپەر قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنىنى تىلىگىنىڭنى ساڭا ئىجابەت قىلدى!» دېدى. [25]شۇنىڭ ئۈچۈن ئەي ئەپەندىلەر،

غەيرەتلىك بولۇڭلار؛ چۈنكى خۇداغا ئىشىنىمەنكى، ماڭا قانداق
ئېيتىلغان بولسا شۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. [26]بىراق بىز مەلۇم
ئارالنىڭ قىرغىقىغا ئۇرۇلۇپ كېتىشىمىز مۇقەررەر بولىدۇ.
[27]سەپىرىمىزنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى كېچىسى، كېمە ئادرىئاتىك
دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرۈۋاتقان بولۇپ، تۈن نىسپىدە، كېمىچىلەر
قۇرۇقلۇققا يېقىنلاپ قېلىپتۇق، دەپ ئويلىدى. [28]ئۇلار چوڭقۇرلۇقنى
ئۆلچەش ئارغامچىسىنى دېڭىزغا چۈشۈرۈپ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى
ئۆلچەپ كۆرگەنىدى، يىگىرمە غۇلاچ چىقتى. سەل ئالدىغا مېڭىپ
يەنە ئۆلچىۋىدى، ئون بەش غۇلاچ چىقتى. [29]ئۇلار كېمىنىڭ خادا
تاشلارغا ئۇرۇلۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، كېمىنىڭ كەينىدىن تۆت
لەڭگەرنى تاشلىۋېتىپ، تاڭ ئېتىشىنى تەلمۈرۈپ كۈتۈپ تۇردى.
[30]لېكىن كېمىچىلەر كېمىدىن قاچماقچى بولۇپ كېمىنىڭ بېشىدىنمۇ
لەڭگەرنى ئېلىپ تاشلىۋېتەيلى دەپ باھانە كۆرسىتىپ، قولۋاقنى
دېڭىزغا چۈشۈردى. [31]پاۋلۇس يۈزبېشى ۋە لەشكەرلەرگە:
بۇ كېمىچىلەر كېمىدە قالمىسا، سىلەر قۇتۇلالمايسىلەر! ــ دېدى.
[32]بۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر كېمىدىكى قولۋاقنىڭ ئارغامچىلىرىنى
كېسىپ، ئۇنى لەيلىتىپ قويدى. [33]تاڭ ئاتاي دېگەندە، پاۋلۇس
ھەممەيلەننى بىرئاز غىزالىنىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ:
سىلەرنىڭ دەككە-دۈككە ئىچىدە ھېچنېمە يېمەي تۇرغىنىڭلارغا
ئون تۆت كۈن بولدى. [34]ئەمدى بىرئاز غىزالىنىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن.
چۈنكى ھايات قېلىشىڭلار ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛
چۈنكى ھېچقايسىڭلارنىڭ بېشىدىكى بىر تال مويمۇ زىيانغا
ئۇچرىمايدۇ! ــ دېدى.

---

29:27 **«ئۇلار ... كېمىنىڭ كەينىدىن تۆت لەڭگەرنى تاشلىۋېتىپ،..»** ــ بۇ تۆت لەڭگەرنى (دېڭىزغا) تاشلاشنىڭ مەقستى كېمىنى توختىتىش، ئەلۋەتتە.

32:27 **«كېمىدىكى قولۋاقنىڭ ئارغامچىلىرىنى كېسىپ، ئۇنى لەيلىتىپ قويدى»** ــ ياكى «كېمىدىكى قولۋاقنىڭ ئارغامچىلىرىنى كېسىپ، ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتى».

**34:27** مات. 30:10.

35 بۇ سۆزنى قىلىپ بولۇپ، ئۇ قولىغا بىر پارچە ناننى ئېلىپ،
كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا خۇداغا تەشەككۈر ئېيتىپ ئوشتۇپ يېدى.
36 شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن غەيرەتلىنىپ غىزالىنىشقا باشلىدى
37 (كېمىدە بىز جەمئىي ئىككى يۈز يەتمىش ئالتە كىشى ئىدۇق).
38 ھەممەيلەن قورساقلىرىنى توقلىغاندىن كېيىن، كېمىنى
يېنىكلىتىش ئۈچۈن، كېمىدىكى بۇغدايلارنىمۇ دېڭىزغا تاشلىۋەتتى.

## كېمىنىڭ غەرق بولۇشى

39 تاڭ ئاتقاندا، كېمىچىلەر قۇرۇقلۇقنىڭ نە ئىكەنلىكىنى تونۇمىدى.
لېكىن ئۇنىڭدىكى بىر قۇملۇق قولتۇقنى بايقاپ، كېمىنى بىر ئامال
قىلىپ شۇ يەردە ئۇرۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارماقچى بولدى. 40 ئۇلار ئالدى
بىلەن لەڭگەرلەرنى بوشىتىپ، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېمىنىڭ ئىككى يۆنىلىش پالاقىنىڭ باغلىرىنى
بوشىتىپ، ئۇلارنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئاندىن كېمىنىڭ بېشىدىكى يەلكەننى
شامالغا چىقىرىپ، كېمىنى قۇملۇقنىڭ قىرغىقىغا قارىتىپ ماڭدۇردى.
41 ئەمدى ئىككى ئېقىم بىر-بىرىگە ئۇچراشقان يەرگە كىرىپ قېلىپ،
ئۇلار كېمىنى قىراققا سوقتۇرۇۋالدى؛ كېمىنىڭ بېشى دېڭىز تېگىگە
ئۇرۇلۇپ پېتىپ، مىدىرلىماي قالدى، لېكىن كېمىنىڭ ئارقا تەرىپى
دولقۇنلارنىڭ زەربىسى بىلەن چۇۋۇلۇپ كېتىشكە باشلىدى.

---

**35:27** 1سام. 13:9؛ يۇھ. 11:6؛ 1تىم. 3:4.

40:27 **«كېمىنىڭ ئىككى يۆنىلىش پالاقىنىڭ باغلىرىنى بوشىتىپ، ئۇلارنى چۈشۈرۈۋەتتى»** ــ دېڭىز شۇنداق كۈچلۈك دولقۇنلىغاندا، بۇ پالاقلارنى دېڭىزغا چۈشۈرۈشنىڭ پايدىسى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار دەخلى بولمىسۇن ئۈچۈن پالاقنى بىر-بىرىگە چېتىپ كېمىگە دېڭىزدىن كۆتۈرۈپراق باغلاپ قويغانىدى. ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىشلىتىشكە بولاتتى، ئەگەر قاتتىق دولقۇندا بۇزۇلۇپ كەتسە ئامال يوق بولاتتى.

41:27 **«ئەمدى ئىككى ئېقىم بىر-بىرىگە ئۇچراشقان يەرگە كىرىپ قېلىپ، ئۇلار كېمىنى قىراققا سوقتۇرۇۋالدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «كېمە قىرغاققا يەتكۈچە دېڭىز ئاستىدىكى قۇم دۆۋىسىگە ئۇرۇلۇپ پېتىپ قالدى».

**41:27** 2كور. 25:11.

42 لەشكەرلەر مەھبۇسلارنىڭ سۇغا سەكرەپ قېچىپ كېتىشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى.
43 لېكىن يۈزبېشى پاۋلۇسنى قۇتقۇزۇشنى خالىغان بولۇپ،
لەشكەرلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمىدى. ئۇ ئالدى بىلەن
سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلارنىڭ سۇغا چۈشۈپ قىرغاققا چىقىشىنى،
44 قالغانلارنىڭ بەزىلىرىنى تاختايلارغا، بەزىلىرىنى كېمىنىڭ
چۇۋۇلۇپ كەتكەن پارچىلىرىغا ئېسىلىپ، قىرغاققا چىقىشنى
بۇيرۇدى. شۇنداق بولدىكى، ھەممەيلەن قۇتۇلۇپ ساق-سالامەت
قۇرۇقلۇققا چىقتى.

## مالتا ئارىلىدا

28 1 بىز قۇتۇلۇپ ساق-سالامەت قىرغاققا چىققاندىن كېيىن،
ئۇ ئارالنىڭ مالتا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلدۇق. 2 يەرلىك
خەلق بىزگە ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى؛ چۈنكى
ئۇ چاغدا يامغۇر يېغىپ، ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، ئۇلار گۈلخان يېقىپ
بىزنى كۈتۈۋالدى. 3 پاۋلۇس بىر باغلام ئوتۇن تېرىپ كېلىپ ئوتقا
تاشلىۋىدى، ئىسسىقتىن ئېتىلىپ چىققان بىر زەھەرلىك يىلان ئۇنىڭ
قولىنى چىشلىگىنىچە چاپلىشىۋالدى. 4 شۇ يەرلىكلەر پاۋلۇسنىڭ
قولىغا يېپىشىپ تۇرغان يىلاننى كۆرۈپ، بىر-بىرىگە:
بۇ ئادەم چوقۇم بىر قاتىل ئىكەن! دېڭىزدىن قۇتۇلۇپ چىققان بولسىمۇ،
«ئادىللىق» ئۇنىڭ تىرىك قېلىشىغا يول قويمىدى، ــ دېيىشتى.

42:27 **«لەشكەرلەر مەھبۇسلارنىڭ سۇغا سەكرەپ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى»** ــ رىملىق ئەسكەرلەر مەھبۇسلارنى قاچۇرۇپ قويسا ئۆزلىرى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولاتتى.

2:28 **«يەرلىك خەلق بىزگە ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى»** ــ «يەرلىك خەلق» دېگەن ئىبارە گرېك تىلىدا «ساقاللىقلار» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ يات تىللىق (دېمەك، ئىبرانىي، گرېك ياكى لاتىن تىللىق ئەمەس) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

4:28 **«دېڭىزدىن قۇتۇلۇپ چىققان بولسىمۇ، «ئادىللىق» ئۇنىڭ تىرىك قېلىشىغا يول قويمىدى»** ــ «ئادىللىق» دېگەن ئۇلار چوقۇنىدىغان بۇتلاردىن بىرى بولغان ئايال ئىلاھ بولسا

[5] لېكىن پاۋلۇس يىلاننى ئوتنىڭ ئىچىگە سىلكىپ ئاتتى، ئۆزى بولسا
ھېچقانداق زەخىم يېمىدى. [6] خەلق ئۇنىڭغا بەدىنى ئىششىپ كېتىدۇ
ياكى ئۇ تۇيۇقسىز يىقىلىپ ئۆلىدۇ دەپ قاراپ تۇراتتى. لېكىن
ئۇزۇن ۋاقىت قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىنورمال ھالەتنىڭ
بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئويلىغىنىدىن يېنىپ:
بۇ بىر ئىلاھ بولسا كېرەك! ــ دېيىشتى.
[7] ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتنا، ئارال باشلىقى (پۇبلىيۇس دەپ
ئاتالغان)نىڭ بىرنەچچە يەر-ئېتىزلىرى بار ئىدى. ئۇ بىزنى ئۆيىگە
باشلاپ، ئۈچ كۈن قىزغىن مېھمان قىلىپ كۈتتى. [8] ئۇ چاغدا شۇنداق
بولدىكى، پۇبلىيۇسنىڭ ئاتىسىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، تولغاق
بولۇپ يېتىپ قالغانىكەن. پاۋلۇس ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، دۇئا قىلىپ
ئۈستىگە قولىنى تەگكۈزۈپ، ئۇنى ساقايتىپ قويدى. [9] شۇنىڭدىن
كېيىن ئاraldىكى قالغان كېسەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا
كېلىپ، ساقايتىلدى. [10] ئۇلار بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزگە نۇرغۇن
سوۋغاتلارنى بېغىشلىغان بولۇپ، ئاخىردا بۇ يەردىن يەنە يولغا
چىققان ۋاقتىمىزدا، بىزنى يولغا لازىملىق نەرسە-كېرەكلەر بىلەن
تەمىنلىدى.

## مالتادىن رىم شەھىرىگە بېرىش

[11] مالتا ئارىلىدا ئىسكەندەرىيەدىن كەلگەن، بېشىغا «ساماۋىي
قوشكېزەك» ئىلاھلىرىنىڭ نەقىشلىرى ئويۇلغان بىر كېمە
قىشلىغانىدى. ئارالدا ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن، بىز بۇ كېمە
بىلەن يولغا چىقتۇق. [12] سىراكوزا شەھىرىگە كېلىپ، ئۇ يەردە ئۈچ

كېرەك.
**5:28** مار. 18:16؛ لۇقا 19:10.
**6:28** روس. 11:14.
11:28 **«بېشىغا «ساماۋىي قوشكېزەك» ئىلاھلىرىنىڭ نەقىشلىرى ئويۇلغان بىر كېمە»**
ــ «ساماۋىي قوشكېزەك» بولسا رىملىقلارنىڭ چوقۇنغان ئىلاھلىرى «كاستور بىلەن پوللۇكس»

كۈن تۇردۇق. [13]ئاندىن ئايلىنىپ مېڭىپ، ئىتالىيەدىكى رېگىيۇم شەھىرىگە كەلدۇق. ئەتىسى شامال يۆنىلىشى ئۆزگىرىپ جەنۇبتىن چىقىشى بىلەن، ئىككىنچى كۈنى پۇتېئولى شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. [14]ئۇ يەردە بىرنەچچە قېرىنداشلارنى تاپتۇق، ئۇلارنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى بىلەن بىز ئۇلاردا بىر ھەپتە تۇردۇق. شۇنداق قىلىپ بىز رىم شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. [15]كېلىۋاتقانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقان شۇ يەردىكى قېرىنداشلار بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ ھەتتا «ئاپپىيوس بازىرى»غىچە، بەزىلىرى «ئۈچ ساراي»غىچە كەلگەنىدى. پاۋلۇس ئۇلارنى كۆرگەندە، خۇداغا رەھمەت ئېيتىپ، غەيرەتلەندى.

## پاۋلۇس رىم شەھىرىدە

[16]رىم شەھىرىگە كىرگىنىمىزدە، يۈزبېشى مەھبۇسلارنى ئوردا قاراۋۇل بېگىگە تاپشۇردى؛ لېكىن پاۋلۇسنىڭ بىرلا كۆزەتكۈچى لەشكەر بىلەن بىر ئۆيدە ئايرىم تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى. [17]ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ ئۇ يەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىردى. ئۇلار جەم بولغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى:

**قېرىنداشلار! مەن خەلقىمىزگە ياكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالدۇرۇلغان ئۆرپ-ئادەتلەرگە قارشى ھېچقانداق ئىش قىلمىغان بولساممۇ، يېرۇسالېمدا تۇرغىنىمدا تۇتقۇن قىلىنىپ رىملىقلارنىڭ قولىغا تاپ**

(گرېك تىلىدا «دىئوسكۇرى») ئىدى. دېڭىزچىلار ئۇلارنى دېڭىز سەپەرلىرىنى ئوڭۇشلۇق قىلىدۇ، دەپ قارايتتى.

15:28 **«شۇ يەردىكى قېرىنداشلار بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ ھەتتا «ئاپپىيوس بازىرى»غىچە، بەزىلىرى «ئۈچ ساراي»غىچە كەلگەنىدى»** — «ئاپپىيوس بازىرى» رىمدىن 71 كىلومېتىر، «ئۈچ ساراي» 55 كىلومېتىر يىراق ئىدى.

16:28 **يۈزبېشى مەھبۇسلارنى ئوردا قاراۋۇل بېگىگە تاپشۇردى»** — مۇشۇ سۆزلەر بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ.

**16:28** روس. 23:24؛ 3:27.

شۇرۇلدۇم. [18] رىملىقلار مېنى سوراققا تارتىپ، مەندە ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلغۇدەك بىرەر جىنايەت بولمىغاچقا، مېنى قويۇۋەتمەكچى بولدى. [19] لېكىن يەھۇدىيلار بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرگەچكە، قەيسەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇلارنى دېگىنىم بىلەن، بۇ مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئۈستىدىن شىكايىتىم بار دېگەنلىكىم ئەمەس. [20] شۇ سەۋەبتىن مەن سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ۋە بۇ ھەقتە سىلەرگە ئېيتىش ئۈچۈن سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىردىم. چۈنكى بۇ زەنجىر بىلەن باغلىنىشىمنىڭ سەۋەبى دەل ئىسرائىلنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىدۇر.

[21] ئۇلار پاۋلۇسقا:

بىز بولساق يەھۇدىيەدىن سەن توغرۇلۇق خەت ئالمىدۇق، ياكى ئۇ يەردىن كەلگەن قېرىنداشلارنىڭ ھېچقايسىسىمۇ سەن توغرۇلۇق بىرەر يامان خەۋەر ئەكەلمىدى ياكى يامان گېپىڭنى قىلمىدى. [22] لېكىن سېنىڭ پىكىرلىرىڭنى ئاڭلىغۇمىز بار. چۈنكى ھەممە يەردە كىشىلەرنىڭ سەن تەۋە بولغان بۇ مەزھەپكە قارشى سۆزلەۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىمىز بار! ــ دېيىشتى.

[23] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاۋلۇس بىلەن كۆرۈشۈشكە بىر كۈننى بېكىتتى. ئۇ كۈنى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلگەنىدى؛ ئۇ تاڭ ئاتقاندىن كەچكىچە ئۇلارغا سۆز-كالامنى شەرھلەپ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ھەققىدە تولۇق گۇۋاھلىق بېرىپ، تەۋرات ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئەيسا

---

**17:28** روس. 12:24؛ 8:25.

**20:28** روس. 6:23؛ 21:24.

**توغرۇلۇق قايىل قىلىشقا كۈچىدى. [24]ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بەزىلەر**
**ئىشەندۈرۈلدى، بەزىلەر ئىشەنمىدى. [25]ئۇلار پاۋلۇسنىڭ**
**مۇنداق بىر سۆزنى قىلىشى بىلەن ئۆزئارا كېلىشەلمەي قايتىپ**
**كەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:**
**مۇقەددەس روھ يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا مۇنۇ**
**سۆزنى دەل جايىدا ئېيتقان:**
**[26]— «بارغىن؛ مۇشۇ خەلققە مۇنداق دەپ ئېيتقىن: —**
**«سىلەر ئاڭلاشنى ئاڭلايسىلەر، بىراق چۈشەنمەيسىلەر؛**
**كۆرۈشنى كۆرۈسىلەر، بىراق بىلىپ يەتمەيسىلەر.**
**[27]چۈنكى مۇشۇ خەلقنىڭ يۈرىكىنى ماي قاپلاپ كەتكەن،**
**ئۇلار ئاڭلىغاندا قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلىۋالغان،**
**ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان؛**
**ئۇنداق بولمىسىدى، ئۇلار كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ،**
**قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ،**
**كۆڭلى بىلەن چۈشىنىپ،**
**ئۆز يولىدىنياندۇرۇلۇشى بىلەن،**

---

23:28 **«ئۇ تاڭ ئاتقاندىن كەچكىچە ئۇلارغا سۆز-كالامنى شەرھلەپ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ھەققىدە تولۇق گۇۋاھلىق بېرىپ، تەۋرات ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئەيسا توغرۇلۇق قايىل قىلىشقا كۈچىدى» —** «تەۋرات ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى» توغرۇلۇق 14:24 ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. مۇشۇ يەردە «تەۋرات» گرېك تىلىدا«مۇسانىڭ (تەۋرات) قانۇنى».

**23:28** يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 24:9؛ مىك. 20:7.

**24:28** روس. 4:17.

**26:28** يەش. 9:6؛ ئەز. 2:12؛ مات. 14:13؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ يۇھ. 40:12؛ رىم. 8:11.

مەن ئۇلارنى ساقايتقان بولاتتىم»».
28-29 شۇڭا بىلىشىڭلار كېرەككى، خۇدانىڭ بۇ نىجاتلىقى يات
ئەللىكلەرگە ئەۋەتىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بولسا ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي
قالمايدۇ! ــ دېدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا يەھۇدىيلار ئۆز-ئارا
قاتتىق تالاش-تارتىش قىلىشىپ كەتتى.
30 پاۋلۇس ئۆزى ئىجارىگە ئالغان ئۆيدە تولۇق ئىككى يىل تۇردى ۋە بۇ
يەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەن ھەممە كىشىلەرنى قوبۇل
قىلىپ، 31 تولىمۇ يۈرەكلىك بىلەن ھەم ھېچ توسالغۇغا ئۇچرىماي،
خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى جار قىلىپ، رەب ئەيسا مەسىھكە دائىر
ھەقىقەتلەرنى يەتكۈزۈپ تەلىم بەردى.

---

27:28 **«چۈنكى مۇشۇ خەلقنىڭ يۈرىكىنى ماي قاپلاپ كەتكەن، ... ئۇنداق بولمىسىدى، ئۇلار كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، كۆڭلى بىلەن چۈشىنىپ، ئۆز يولىدىن ياندۇرۇلۇشى بىلەن، مەن ئۇلارنى ساقايتقان بولاتتىم»** ــ «يەش.» 9:6-10دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

**27:28** يەش. 9:6، 10.

28:28-29 **«ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا يەھۇدىيلار ئۆز-ئارا قاتتىق تالاش-تارتىش قىلىشىپ كەتتى»** ــ مۇشۇ سۆزلەر بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ.

# قوشۇمچە سۆز

## لۇقا يازغان تارىخنىڭ «چەكلىكلىكى» توغرۇلۇق

ئۇشبۇ كىتابتا ساناقسىز ساۋاقلار ۋە ئېتىقادنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىشلار تېپىلىدۇ. مۇشۇ يەردە سەھىپە چەكلىمىسى بولغاچقا، تۆۋەندە تۆت سوئال ئۈستىدىلا توختىلىمىز. بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى لۇقانىڭ تارىخىنىڭ چەكلىك دائىرىسى بىلەن باغلىق. ئۇ خۇش خەۋەرنىڭ «كىچىك ئاسىيا» (تۈركىيە) ۋە ياۋروپادا قانداق تارقالغانلىقى، شۇنداقلا جامائەتلەر ئۆسۈپ كېڭەيتىلگەنلىكى توغرۇلۇق بىزگە كۆپ تەپسىلاتلارنى تەمىنلەيدۇ. ئەمدى نېمىشقا ئۇ جامائەتنىڭ ئافرىقا ياكى ئاسىيادا بولغان ئىلگىرىلەشلىرى توغرۇلۇق يازمايدۇ؟

خېلى روشەنكى، لۇقا جامائەتنىڭ «تولۇق تارىخ»نى يېزىشقا ئىنتىلگەن ئەمەس (ئەمەلىيەتتە بۇنداق بىر تارىخنى يېزىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ــ «يۇھ.» 25:21نى كۆرۈڭ). لۇقانىڭ خاتىرىلىگىنى، يەنى جامائەتنىڭ ياۋروپا تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە كەلسەك، ئىشىنىمىزكى، بۇ ئىلگىرىلەش يۆلىنىشى ئەمەلىيەتتە ئەڭ كۆپ توسالغۇ-قىيىنچىلىقا ئۇچرىغان يۆلىنىش ئىدى. جامائەتتىكى قەدىمكى ئەنئەنىلەر ۋە باشقا تارىخلاردىن بىلىمىزكى، جامائەتلەرنىڭ ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا كۆپىيىشى ياۋروپادىكى كۆپىيىشتىن تېخىمۇ تېز ئىدى. شۇڭا لۇقا ئېتىقادىمىزغا ئەڭ كۈچلۈك رىغبەت-تۈرتكە بولسۇن دەپ، بىزگە جامائەتنىڭ قاتتىق زىيانكەشلىك ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئاستىدا ئۆسۈشى ۋە كېڭىيىشى خاتىرىلەنگەن بىر تارىخنى تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى مەسىلە يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ ــ كىتابنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا روسۇل پاۋلۇسنىڭ رىم قانۇن تۈزۈمىدە سوراقتا تارتىلىشلىرى ۋە ئۇچرىغان مەسىلىلەر، شۇنداقلا پاۋلۇسنىڭ ئىمپېراتورنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن رىم شەھىرىگە بېرىش سەپىرى توغرۇلۇق نېمىشقا شۇنچە كۆپ تەپسىلاتلار تەسۋىرلىنىدۇ؟ بۇنىڭدا روھىي بىلىم-ساۋاق بارمۇ؟

بۇ مەسىلە توغرۇلۇق «تۆت بايان»دىكى كىرىش سۆزىمىزدە ئازراق توختىلىمىز: ــ

«يەنە مۇمكىنچىلىكى باركى، ئەينى ۋاقىتتا تېئوفىلۇس رىم جەمئىيىتىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادۋوكات بولۇپ، پاۋلۇسنىڭ سوراق ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، لۇقانىڭ ئەيسانىڭ تەرجىمىھالى بولغان «لۇقا»نى ۋە «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نى يېزىشتىكى مەقسىتى تېئوفىلۇسقا پاۋلۇسنى («روس.» 28-بابنى كۆرۈڭ)، شۇنداقلا ئۇ جاكارلىغان ئېتىقادنى قەيسەر ئالدىدا ئاقلاش ئىسپاتى بىلەن تولۇقلاق تەمىنلەشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ».

شۇڭا «لۇقا» بىلەن «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نى مەسىھ ئېتىقادىنى ئاقلاپ تەسۋىرلەيدىغان بىر پۈتۈن بايان دېيىشكە بولىدۇ. پۈتۈن ئىمپېرىيەنىڭ بىپايان زېمىندا، شىمالدا ئەنگلىيە ۋە گاللىيەدىن جەنۇبتا ئافرىقا ۋە مىسىرغىچە، غەربدە ئىسپانىيەدىن شەرقتە «كىچىك ئاسىيا» (تۈركىيە)، سۈرىيە ۋە ئىئوردانىيەگىچە، ھەربىر ئاددىي پۇقرا، شۇنداقلا بارلىق ھۆكۈمدارلار ئۆز ئورتاق تىلى (گرېك تىلى)دا بۇ باياننى ئوقۇيالايدۇ. بولۇپمۇ «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىكى ئەڭ ئاخىرقى بابلاردا روسۇل پاۋلۇسنىڭ رىمنىڭ قانۇن-تۈزۈمگە تولۇق بويسۇنغانلىقىنى كۆرىمىز. گەرچە رىمدىكى نەزەربەندتىن قېچىشقا كۆپ پۇرسەتلەر چىققان بولسىمۇ، ئۇ قاچمايدۇ. ئۇ كۆپ رىملىق ھۆكۈمدارلار ئالدىدا سوراققا تارتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، پاۋلۇس ئۇلارغا رىم ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلىدەك ھۆرمەت بىلەن سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن رىمنىڭ كېمىسىدە ئولتۇرغان 276 كىشى قۇتقۇزۇلىدۇ (27-باب). شۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدۇكى، مەسىھگە ئېتىقاد قىلغان ئادەملەر سەممىي بىر ھۆكۈمەتكە ھېچ تەھدىت يەتكۈزمەيدۇ، ئەكسىچە ئامانلىق ۋە قانۇننى ئەتىۋارلايدىغان بىر جەمئىيەتتە خېلى ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، شۇلار تۇرۇۋاتقان ھەربىر دۆلەتكە پايدا يەتكۈزگۈچى ئامىلدۇر. مۇشۇنداق سۈپەت ئىگىلىرى، پەقەت رىم ئىمپېرىيەسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ھەرقانداق ئىمپېرىيە ياكى پادىشاھلىققا ئۆزىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

## «ماتتىياس»نىڭ «ئون ئىككىنچى روسۇل» دەپ تاللىنىشى (1:15-26) توغرۇلۇق ـ «ئون ئىككىنچى روسۇل» كىم؟

بۇ سوئالنىڭ ئۆزى ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئەمما بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپقا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىدە توختىلىشنىڭ پايدىسى بار.

ئىنجىلدا «ئون ئىككى روسۇل»دىن باشقا «روسۇل» دەپ ئېنىق ئاتالغان ئاز دېگەندىمۇ يەنە ئون ئەر كىشى بار. خېلى روشەنكى، بۇلاردىن باشقا يەنە بىرنەچچە نامسىز روسۇللارمۇ بار ئىدى. «كورىنتلىقلارغا (2)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە «روسۇللار» توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ. شۇ يەردە ئېيتقىنىمىزدەك، بىز شۇ «ئون ئىككى (روسۇل)»نى (جامائەتكە نىسبەتەن) «ئۇل» ياكى «ئاساس قىلىنغان» دەپ قارايمىز. دېمەك، ئۇلارنىڭ رەبدىن تاپشۇرۇۋالغان ھوقۇقى ۋە قوبۇل قىلغان ۋەھيىلىرى ھەتتا باشقا روسۇللارنىكىدىنمۇ يۇقىرى دەرىجىدە ئىدى. «ساماۋىي يېرۇسالېم»نىڭ ئون ئىككى دەرۋازىسىدا «ئون ئىككى روسۇل»نىڭ ئىسىملىرى يېزىقلىق («ۋەھ.» 14:21). رەب ئەيسامۇ «سىلەر (ئون ئىككى روسۇل) ئون ئىككى تەختتە ئولتۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىسىلەر» دېگەن («مات.» 28:19). شۇڭا بۇ «ئون ئىككى»نىڭ خۇدانىڭ پىلانىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىدا قىلچە گۇمان يوق.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، روسۇل پېترۇس زەبۇردىن (25:69، 8:109) مەسىھنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلغۇچىنىڭ ئورنىنىڭ باشقا بىرسىگە تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بېشارەتلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. پېترۇسنىڭ بۇ بېشارەتلەرگە شەرھ بەرگەنلىكىنى توغرا دەپ ئىشىنىمىز. ئۇلار دەرۋەقە، باشقا بىرسىنىڭ يەھۇدانىڭ ئورنىنى باسىدىغانلىقى، «ئون ئىككىنچى روسۇل» بولىدىغانلىقىنى ئالدىنالا كۆرسىتىدۇ.

ھالبۇكى، قېرىنداشلارنىڭ يەھۇدانىڭ «ئورنىنى باسقۇچى»نى تاللىشى توغرا چىقتىمۇ؟ رەب ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە ئۇلارغا پەقەت «يېرۇسالېمدا تۇرۇپ مۇقەددەس روھنىڭ ئۈستۈڭلارغا چۈشۈشىنى كۈتۈڭلار» دېگەن بىرلا جەددىي ۋە تەپسىلىي ئەمر قالدۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ جەددىي موھتاج بولغىنى مانا شۇ ئىدى. رەبنىڭ مۇقەددەس روھ توغرۇلۇق بولغان كۆپ تەلىملىرىگە (بولۇپمۇ «يۇھاننا» 14-16-بابلار)

قارىغاندا، ئۇ ئۆزى ئۇلاردىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا بولمىغاندا مۇقەددەس روھنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئۇلارغا تەلىم بەرگۈچى ۋە يېتەكچى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق سۆزلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، 13:16دە ئۇ: «ئۇ، يەنى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە سىلەرنى بارلىق ھەقىقەتكە چۈمدۈرۈپ يېتەكلەيدۇ» دەيدۇ. بۇنداق ئېنىق تاپشۇرۇق بولغانىكەن، پېترۇس نېمىشقا ئەيسا يېنىدا بولمىغان، ئەمما مۇقەددەس روھ تېخى كەلمىگەن ئەھۋالدا تەلىم بەرگۈچى ھەمدە يېتەكچى رولىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ؟

بىز قېرىنداشلارنىڭ «ئىككى كىشىنى بىكىتتى»، ئاندىن ئۇلارنىڭ:

— «سەن، ئى ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىنى بىلگۈچى پەرۋەردىگار! ... بۇ ئىككىيلەندىن قايسىسىنى تاللىغانلىقىڭنى كۆرسەتكەيسەن!» دېگەن دۇئاسىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇلار خۇداغا ئانچە كەڭ تاللاش دائىرىسى بەرمىگەن، دەپ ئويلىماي قالالمايمىز! شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆپ دۇئالار خۇدانىڭ ئىشلىرىمىزنى ھەل قىلىدىغان ئاجايىب كارامىتىگە چەك بەلگىلەپ قويغاندەك بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، «ئاھ خۇدا، مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن ماڭا ئۇنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزىدەك پۇل تەمىنلىگەيسەن!» دېگەندەك دۇئالارنى قىلىشىدۇ. ئەمدى خۇدانىڭ باشقا يوللىرى يوقمۇ؟ ئۇ بىۋاسىتە ساقايتالامدۇ؟ ياكى باشقا بىر ۋاسىتە بىلەن ساقايتالامدۇ؟ بىز پۇلسىز، دورىسىز ۋە ئامالسىز قالغاندا، ئۇمۇ ئامالسىز قالدىمۇ؟ قانداقمۇ بىز ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ چەكلىك ئوي-پىكىر دائىرىسىگە باغلىيالايمىز؟ (ھالبۇكى، خۇداغا شۈكرى، ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا دۇئايىمىزدا ئاغزىمىزدىن چىققان سۆز-شەرتلەر بويىچە ئەمەس، بەلكى قەلبىمىزدىكى نىدا-پەريادىمىزغا قاراپ جاۋاب بېرىدۇ).

قېرىنداشلارنىڭ چەك تاشلىشىدىنمۇ ئاشۇ ۋاقىتتا مۇقەددەس روھنىڭ ئادەمنىڭ روھ-قەلبىدە بېرىدىغان يېتەكچىلىكى، تەلىمى ۋە گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ ئۇلاردا تېخى بولمىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بىز يۇقىرىقى ئىشلاردىن تۆۋەندىكى پرىنسىپنىڭ روشەن بىر مىسالىنى كۆرەلەيمىز، دەپ ئىشىنىمىز. مۇشۇ مۇھىم پرىنسىپنى تونۇپ يەتمىگۈچە خۇدانىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي تونيالمايمىز (خۇدا يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق دېگەن):

— «چۈنكى مېنىڭ ئويلىغانلىرىم سىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىڭلار ئەمەس،
مېنىڭ يوللىرىم بولسا سىلەرنىڭ يوللىرىڭلار ئەمەستۇر؛

چۈنكى ئاسمان يەردىن قانچە يۇقىرى بولسا،
مانا ئۆز يوللىرىم سىلەرنىڭ يوللىرىڭلاردىن،
مېنىڭ ئويلىغانلىرىم سىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىڭلاردىن شۇنچە يۇقىرىدۇر» («يەش.» 9-8:55).

پېترۇسنىڭ بىرسىنىڭ روسۇل بولۇش ئۈچۈن قانداق سالاھىيەتكە ئىگە بولۇش كېرەكلىكى توغرۇلۇق ئويلىغىنى ئورۇنلۇق، ئاساسى باردەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭدا شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ قادىرلىقى توغرۇلۇق ئىككى چوڭ خاتا قىياس ھەمدە بىر چوڭ كەمچىلىك بار؛ شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ ئويلىرىنىڭ «خۇدانىڭ ئويلىغانلىرى» ئەمەس، دەپ ئىشىنىمىز.

ئەمدى پېترۇسنىڭ قىياسلىرى ۋە ئويىدا بولغان كەمچىلىك بولسا: —

(1) ئەيسانىڭ تەلىمى ۋە ھاياتىغا تولۇق گۇۋاھچى بولۇشى ئۈچۈن، ئون ئىككىنچى روسۇلى بولىدىغان ئادەم ئەيسا يەر يۈزىدە خىزمەتتە بولغان چېغىدا (يەھيا پەيغەمبەرنىڭ چۆمۈلدۈرۈش يۈرگۈزگەن ۋاقتىدىن تارتىپ ئەيسانىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىگىچە) جىسمانىي جەھەتتە ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشى كېرەك ئىدى.

(2) ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلگەنلىكىنى «ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن» گۇۋاھچى بولۇشى ئۈچۈن، ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىگىچە يەنىلا ئۇ جىسمانىي جەھەتتە باشقا روسۇللار بىلەن بىللە بولغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

(3) پېترۇس تىلغا ئالمىغان، ئەمما روسۇلنىڭ سالاھىيىتىدە بولۇشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل بولسا مەسىھنىڭ ئادەمنى چاقىرىشىدۇر. بارساباس ياكى ماتتىياستا مۇنداق چاقىرىق بارمۇ؟ ئۇلار بۇنى ئېنىقلاشقا ئانچە ئىنتىلمىگەن ئوخشايدۇ.

بىزگە خۇدا «ئون ئىككىنچى روسۇل»نىڭ ئورنىنى بېسىشقا، يەنى بىر «ئۇل روسۇل» بولۇشقا ھەقىقىي بېكىتكەن كىشى روسۇل پاۋلۇستەك كۆرۈنىدۇ (مۇنداق دېگىنىمىز، ماتتىياسنىڭ بىرخىل «روسۇللۇق خىزمەت»ى يوق، دېگەنلىكىمىز ئەمەس — 33:4، 12:5نى كۆرۈڭ). مەسىھ يەر يۈزىدە خىزمەتتە تۇرغاندا پاۋلۇس ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىر ياقتا تۇرسۇن، بىلىشمىزچە، ھەتتا ئۇنى كۆرۈپ باققانمۇ ئەمەس. لېكىن ئۇ مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھچى بولۇپ چىقتى؛ چۈنكى مەسىھ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئايان قىلغان («1كور.» 1:9نى كۆرۈڭ). ئۇنىڭغا يەنە مەسىھنىڭ يەر يۈزىدىكى يۈرۈش-تۇرۇشلىرى توغرۇلۇق كۆپ تەپسىلاتلار ۋەھىي ئارقىلىق ئايان قىلىنغان (مەسىلەن، خۇدا

ئۇنىڭغا ئەيسانى ئەسلەيدىغان «كەچلىك تاماق»، يەنى «نان ئوشتۇش»نىڭ تەپسىلاتىنى ۋەھيي بىلەن ئايان قىلغان («1كور.» 11:23-26 ۋە «گال.» 1:10-12نى كۆرۈڭ). شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۇ باشقا روسۇللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەسىھنىڭ ئىچكى ھاياتى، ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق يۇقىرى دەرىجىدە ۋەھيىلەرنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي تۇغۇلۇشى توغرۇلۇق «ۋاقتسىز تۇغۇلغان بوۋاقمەن» دەيدۇ («1كور.» 15:8-9) — دېمەك، «روھىي تۇغۇلۇشۇم نورمال جەريان ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھامىلە بولۇپ تۇغۇلغانىدىم». ئۇنىڭ بۇنداق دېگىنى شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ روسۇللۇققا كىرىشكەنلىكىنى باشقا روسۇللارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئىدى. ئۇلار بولسا مەسىھكە ئۈچ يېرىم يىل ئەگىشىپ ئۆگەنگەن، ئەمما پاۋلۇس بولسا ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان، تۇيۇقسىز ۋەھيىلەر بىلەن بىراقلا روسۇللۇق خىزمەتكە چۈكتۈرۈلگەن.

رەبنىڭ پاۋلۇسنى چاقىرغانلىقى ۋە ئۇنى خىزمەتكە تەيىنلىگەنلىكى باشقا روسۇللارنى چاقىرغانلىقى ۋە خىزمەتكە تەيىنلىگىنىدىن روشەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پېترۇس قويغان شەرتلەرگە قارىغاندا ئۇ «ئون ئىككىنچى روسۇل» بولۇشقا تولىمۇ لاياقەتلىك ئىدى — بىراق ئۇ مەسىھ يەر يۈزىدە خىزمەتتە بولغان ۋاقىتتا ئۇ باشقا روسۇللار بىلەن بىللە جىسمانىي تەندە ھازىر بولمىغانىدى! پېترۇس شۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانكى، خۇدا كۆپ ئىشلاردا كارامەتلەرنى كۆرسەتكىنىدە بىزنىڭ (جىسمانىي جەھەتتە) نەق مەيداندا ھازىر بولۇش-بولماسلىقىمىز بىلەن چەككە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ بەلكىم ئويلىغىنىمىزدىن سىرت باشقا بىر يول بىلەن ئىش كۆرۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭ سۆز-كالامىغا قارىغاندا ئۇ شۇنداق قىلىشقا ئامراقتۇر.

بىز ئوقۇرمەنلەردىن، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزنى بۇ مەسىلە توغرۇلۇق بىرەر تالاش-تارتىشقا ئاساس قىلماسلىقنى ئۆتۈنىمىز. روسۇل پاۋلۇس ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق ھەرگىز مۇنداق مۇنازىرىلەشمەيتتى. ئۆزى توغرۇلۇق ئۇ پەقەتلا: — «مەن روسۇللار ئارىسىدىكى ئەڭ تۆۋىنىمەن، روسۇل دەپ ئاتىلىشقا لايىق ئەمەسمەن؛ چۈنكى مەن خۇدانىڭ جامائىتىگە زىيانكەشلىك قىلغانمەن» دەيدۇ («1كور.» 15:9).

بىز باشقا ئون بىر روسۇل خۇدانىڭ تولۇق پىلانىنى مەلۇم جەھەتتە چۈشەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭ پاۋلۇسقا تاپشۇرغان ۋەھيىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ چۈشىنىشكە تولۇق تەييارلىقى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن ئىدى، دەپ ئويلايمىز.

## مۇسا پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتى توغرۇلۇق (22:3-23)
## «ماڭا ئوخشاش بولغان بىر پەيغەمبەر» كىم؟

«مۇسا دەرۋەقە مۇنداق دېگەنىدى: ــ «پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ئۆز قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن ماڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر تۇرغۇزىدۇ. ئۇنىڭ سىلەرگە ئېيتقان بارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىشىڭلار كېرەك! چۈنكى بۇ پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغانلارنىڭ ھەربىرى خەلق قاتارىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»».

روشەنكى، پېترۇس بۇ سۆزلەر مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. «يۇھ.» 14:6، 40:7دىمۇ شۇنداق. مۇسانىڭ ئۆمرىدىكى كۆپ ئىشلار مەسىھنى كۆرسىتىغان «بېشارەتلىك مىسال» ئىدى. «ئىبرانىيلارغا»دىكى قوشۇمچە سۆزىمىزنى كۆرۈڭ. ئەمما قايسى يولدا ياكى قايسى جەھەتتە مەسىھ بۇ بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغان؟

مۇسا بولسا «ئۇل پەيغەمبەر» ئىدى ــ دېمەك، ئىسرائىل ئۈچۈن ئۇ تەۋرات قانۇنىدا ئاساسىي ھەقىقەتلەر، جۈملىدىن قۇربانلىق، كاھىنلىق ۋە ئىبادەت چېدىرىگە باغلىق بەلگىلىمىلەرنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەر ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارنى ئۆزگەرتكىنى يوق، بەلكى بۇ قانۇن-ھەقىقەتلەرنى ئاساس قىلىپ باشقا بېشارەتلەرنى بەرگەن. لېكىن مەسىھ كەلگەندە قۇربانلىق، كاھىنلىق ۋە ئىبادەتخانا تۈگەيدۇ ــ چۈنكى ئۇ ئۆزى ئاخىرقى قۇربانلىق، خۇدا تەيىنلىگەن، ئەرشتە ئولتۇرغان، خۇدانىڭ بارلىق خەلقىگە بولغان ئۇلۇغ باش كاھىن بولىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا خۇداغا يېقىنلىشىدىغان پۈتۈنلەي يېڭى تۈزۈم بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. ئۇ شۇ يولدا مۇساغا ئوخشاش «ئۇل پەيغەمبەر»؛ لېكىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئەھدە-تۈزۈم مۇسانىڭ ئەھدە-تۈزۈمىدىن چوڭقۇر ۋە ئۈزۈن مۇددەتلىك (مەڭگۈلۈك!) ئىدى. ئەسلىدە ئىسرائىل خەلقى مۇساغا قۇلاق سالمىسا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان يەردە، ھازىر «مۇساغا ئوخشاش يېڭى پەيغەمبەر» كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداقكى: ــ

«ئۇنىڭ سىلەرگە ئېيتقان بارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىشىڭلار كېرەك! چۈنكى بۇ پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغانلارنىڭ ھەربىرى خەلق قاتارىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ».

ئەمدى مەسىھ قانداق يول بىلەن «مۇساغا ئوخشايدىغان پەيغەمبەر» بولىدۇ؟

(1) مۇسا باشقا پەيغەمبەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا خۇدانى تېخىمۇ زىچ مۇناسىۋەتتە تونۇغان. «قان.» 34:10-12نى كۆرۈڭ ــ ئۇ خۇدا بىلەن «يۈز تۇرانە» كۆرۈشكەن.

رەب ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدائاتىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇسانىڭكىدىن زور دەرىجىدە تېخىمۇ زىچ ئىدى: ــ

«ئوغۇلنى ئاتىدىن باشقا ھېچكىم تونۇمايدۇ، ۋە ئاتىنىمۇ ئوغۇل ۋە ئوغۇل ئاشكارىلاشنى لايىق كۆرگەن كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم تونۇمايدۇ» («مات.» 27:11)

«خۇدانى ھېچكىم كۆرۈپ باققان ئەمەس. بىراق ئۇنىڭ قوينىدا تۇرغۇچى يېگانە ئوغلى بولسا (شۇنداقلا ئۆزى خۇدا بولغان) ئۇنى بىلدۈردى» («يۇھ.» 18:1). (ئاخىرقى ئايەتكە قارىغاندا، مۇسا كۆرگەن خۇدانىڭ سىياقى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ۋەكىلى بولغان مەسىھ ئىدى).

(2) مۇسا ئىسرائىلنى قۇتقۇزغۇچى ئىدى. ئۇ «قوزا قۇربانلىقى» ئارقىلىق ئۇلارنى جىسمانىي قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدىكى بىر ئەلنىڭ «تۇغۇلۇش»ىغا ۋاستە ئىدى («1كور.» 10:1-2، «مىس.» 12:1، «ئەز.» 16:3-7). شۇنداقلا ئۇ ئۇلارغا پەقەت پەيغەمبەر ۋە يېتەكچىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا «پادىشاھ»دەك بولغانىدى («قان.» 33:5).

مەسىھ بولسا ئىسرائىلغىمۇ، يات ئەللىكلەرگىمۇ قۇتقۇزغۇچى بولىدۇ، ئۆزى «قوزا قۇربانلىقى» بولۇپ ئۇلارنى روھىي قۇللۇقتىن، يەنى گۇناھنىڭ ئىلكىدىن ۋە شەيتاننىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ روھىي، ساماۋى بىر خەلقنىڭ «تۇغۇلۇش»ىغا ۋاستە بولىدۇ؛ ئۇ ئەلۋەتتە ئۇلارغا پەيغەمبەر، يېتەكچى، پادىشاھ ۋە ئۇلارنىڭ رەببى بولدى.

(3) مۇسا پەيغەمبەر «كونا ئەھدە»نى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ ۋاستىچىسى بولدى. شۇ كونا ئەھدە خۇدانىڭ «يەر يۈزىدىكى» خەلقى بولغان ئىسرائىلنىڭ مەۋجۇداتلىقىنىڭ ئاساسى ئىدى.

مەسىھ «يېڭى ئەھدە»نىڭ ۋاستىچىسىدۇر؛ يېڭى ئەھدە خۇدانىڭ ئەرشتىكى خەلقى بولغان جامائەتنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىنىڭ ئاساسىدۇر.

## 15:36-41: نېمىشقا پاۋلۇس بىلەن بارناباس ئايرىلىپ كەتتى؟ كىمنىڭ توغرا؟

«لېكىن يەنە بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن پاۋلۇس بارناباسقا:
— بىز بۇرۇن رەبنىڭ سۆز-كالامىنى يەتكۈزگەن ھەممە شەھەر-يېزىلارغا بېرىپ، قېرىنداشلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھالىنى سوراپ كېلەيلى، — دېدى.
بارناباس بولسا يۇھاننا (ماركۇسمۇ دېيىلىدۇ)نى بىللە ئېلىپ بارماقچى بولغانىدى. بىراق پاۋلۇس ئالدىنقى قېتىم پامفىلىيە ئۆلكىسىدە ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەن، رەبنىڭ خىزمىتىدە ئۇلار بىلەن بىللە داۋاملىق سەپەر قىلمىغان ماركۇسنى يەنە ئېلىپ بېرىشنى ئاقىلانىلىك ئەمەس دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا بەك كەسكىن ئىختىلاپ بولۇپ، ئاخىر بىرىپ ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشتى.
بارناباس ماركۇسنى ئېلىپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ سىپرۇس ئارىلىغا كەتتى.
پاۋلۇس بولسا سىلاسنى تاللىدى؛ قېرىنداشلارنىڭ ئىككىيلەننى خۇدانىڭ شاپائىتىگە ئامانەت قىلىشى بىلەن ئۇ ئىككىسى يولغا چىقتى. ئۇ ئەمدى سۈرىيە ۋە كىلىكىيە ئۆلكىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ھەرقايسى جايلاردا جامائەتلەرنى قۇۋۋەتلەندۈردى»

پاۋلۇس بارناباس بىلەن بىر-بىرىدىن ئايرىلىش توغرۇلۇق جەزمەن بىر پىكىردە بولۇشى بەلكىم مۇمكىن ئەمەس. بىز پەقەت تۆۋەندىكى بايقىغىنىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز، شۇنداقلا پاۋلۇسنىڭ قارارى بەلكىم توغرا ئىدى، دېگەن پىكىرگە قايىلمىز.

(1) كۆڭلى ئىش تارتمايدىغان ئادەم ئەمەلىيەتتە خىزمەتكە ياردەم ئەمەس، بەلكى توسالغۇ بولىدۇ («پەند.» 13:25، 26:10). خۇدانىڭ خىزمىتى بەربىر قېرىنداشلارنىڭ ھېسسىياتلىرىدىن مۇھىمدۇر.

(2) ماركۇس يۇھاننا بىلەن بارناباس نەۋرە تۇغقان ئىدى («كول.» 10:4). شۇڭا بارناباس تۇغقانچىلىق قىلىپ ماركۇسقا يان بېسىشى مۇمكىن.

(3) پاۋلۇس تاپشۇرۇۋالغان ۋەھىيلەر شۈبھىسىزكى، بارناباسنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. شۇڭا بارناباسنىڭ بۇ ئىشتا پاۋلۇسقا بويسۇنىشىغا بەلكىم توغرا كېلەتتى.

(4) قېرىنداشلار دۇئا قىلىپ خۇداغا ئامانەت قىلغان كىشى بارناباس ئەمەس، بەلكىم پاۋلۇس ئىدى. شۇڭا ئۇلار پاۋلۇسنىڭكىنى توغرا دەپ قارىغان ئوخشايدۇ.

(5) بىرنەچچە يىلدىن كېيىن پاۋلۇس ماركۇسنى خىزمىتىگە ياردەمچى سۈپىتىدە قايتىدىن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقىلارغا تەۋسىيە قىلىدۇ. ماركۇس پاۋلۇسنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ساۋاق-دەرسىنى قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك.

## (18:21-26) پاۋلۇسنىڭ قەسەم ئىچىش ۋە قۇربانلىق قىلىشى توغرۇلۇق

پاۋلۇسنىڭ خەتلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىبادەتخانىدا ھايۋان سويۇپ مۇنداق بىر قۇربانلىقنى قىلىشى ۋە قەسەم ئىچىشمۇ غەلىتە ۋە نالايىق پائالىيەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇ خەتلىرىدە، مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا بارلىق باشقا قۇربانلىقنىڭ ئورنىنى باسقان دەپ ئېنىق تەلىم بەرگەن ئەمەسمۇ؟ بۇنداق قۇربانلىق قىلىش ئەگەر خۇدانىڭ مەسىھدە بولغان ئۇلۇغ غەلىبىسىگە ئاسىيلىق قىلىش بولمىغاندىمۇ، ھېچ بولمىسا «ئارقىغا چېكىنىش» بولمامدۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋابەن، بايقىنىمىزنى، شۇنداقلا تۆۋەندىكى سوئاللارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئوقۇرمەنلەر بۇلاردىن ئۆزى خۇلاسە چىقىرىۋالالايدۇ: —

(1) 20-ئايەتتە ياقۇپ پاۋلۇسقا يەھۇدىيلار ئارىسىدا نۇرغۇن «تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتايىن قىزغىن» ئېتىقادچى بار دەپ ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداق «قىزغىنلىق» ئىبادەتخانىدىكى ھايۋان قۇربانلىقلىرى ۋە قائىدە-رەسمىلەردە داۋاملىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايمىز. ئۇنداق بولمىغاندا پاۋلۇسنىڭ بۇ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى ئۇلارنى قانداقمۇ «ئۇ بىزگە ئوخشاش» دەپ خاتىرجەم قىلالىسۇن؟

(2) 21-ئايەتتە ياقۇپ پاۋلۇسقا بۇ يېڭى يەھۇدىي ئېتىقادچىلارنىڭ «پاۋلۇس رىم ئىمپېرىيەسى بويىچە يەھۇدىي خەلقىگە تەۋرات قانۇنىغا ياكى تەۋراتتىن چىققان قائىدە-يوسۇنلارغا بويسۇنۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى تاشلاشنى ئۆگىتىدۇ» دېگەندەك ئۇيدا بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ مەسىلە يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ تەۋرات قانۇنىغا ياكى قانۇنىنىڭ

مەلۇم قىسمىنى تۇتۇشى كېرەكمۇ-يوق دېگەن مەسىلىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 16-بابتا مۇشۇ مەسىلە بىر تەرەپ قىلىنغاندى).

(3) مۇشۇ يەردە بىرنەچچە سوئالنى قويىمىز: — يېرۇسالېمدىكى جامائەتتە يەتكۈزۈلگەن تەلىم (ياقۇپنىڭ ۋە باشقا ئاقساقاللارنىڭ تەلىمى)نىڭ مەزمۇنى نېمە ئىدى؟ نېمىشقا بۇ «يېڭى ئېتىقادچىلار» شۇنداق «تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتايىن قىزغىن»؟ چۈنكى خۇدانىڭ پىلانىدا تەۋرات قانۇنىنىڭ بىرىنچى مەقستى ئۆزىمىزنىڭ گۇناھقا چۆمگەنلىكىمىز، خۇدانىڭ قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدىغانلىقىمىز، شۇنداقلا قۇتقۇزغۇچى-مەسىھگە زور موھتاجلىقىمىزنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى («رىم.» 19:3-28، 4:7-13، 3:8، «گال.» 2:11-21نى كۆرۈڭ). نېمىشقا بۇ كىشىلەرگە باشقا بارلىق قۇربانلىقنىڭ ئورنىنى باسقان ئۇلۇغ ۋە ئاخىرقى بىر قۇربانلىق بار دەپ ئۆگىتىلمىگەن؟

(4) بۇ كىشىلەر نېمىشقا پاۋلۇس يەھۇدىيلارغا تەۋرات قانۇنىنى تاشلاش كېرەك دەپ ئۆگىتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ؟ كىم ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئويلىشىغا يول قويىدى؟ يېرۇسالېمدىكى جامائەتتە پاۋلۇس ئۈچۈن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئايان قىلغۇدەك جۈرئەتلىك ئادەم يوقمىدى؟

(5) ئەمەلىيەتتە، پاۋلۇس بۇنداق تەلىمنى ھېچ بەرگەن ئەمەس. ئۇنىڭ بۇ تېما توغرۇلۇق بولغان تەلىمىنى ئۆزىنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: —

«ھەممە ئېتىقادچى ئەركىندۇر». دېمەك، ھەم يەھۇدىي ئەمەسلەر ھەم يەھۇدىيلار تەۋراتتا بەلگىلەنگەن رەسىم-قائىدىلەرنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىغا (مەسىلەن، شابات (شەنبە) كۈنىدە دەم ئېلىش دېگەندەك) رىئايە قىلىشنى خالىسىلا، ئۇ شۇنداق قىلىشقا ئەركىندۇر؛ ئەمما ئوخشاشلا ئۇنداق قىلىشنى خالىمىسىمۇ، ئۇمۇ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىدۇر. پاۋلۇس يا بۇنى ياكى ئۇنى قىلىشقا دەۋەت قىلمايدۇ («رىملىقلارغا» 14-بابنى كۆرۈڭ). ئەمما قۇربانلىق مەسىلىسىدە بولسا ئۇنىڭ: — «ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلارنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىشى بىلەن بارلىق باشقا قۇربانلىقلار ئىناۋەتتىن قالدۇرۇلغان» دېگەن تەلىمى بەك روشەندۇر.

(6) پاۋلۇس يەنە «ھەممەيلەن ئەركىندۇر» دەپ تەلىم بەرگىنى بىلەن ئۇ يەنە مۇھەببەت يولىدا باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا ياكى ئېتىقادنى قوبۇل قىلىشقا توسالغۇ بولماسلىق ياكى ۋىجدانىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن باشقىلارنىڭ خاتا ئوي-پىكىرلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، دەپ ئۆگىتىدۇ. بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىزدىن مەلۇم ئىشلاردا

بەھرىمەن بولۇشىمىز تۈپەيلىدىن ئۇلار مۇقەددەس ئېتىقادىمىزغا سەل قارىسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ خاتا ئوي-پىكىرلىرىگە ۋاقىتلىق ماسلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئېتىقادچىلار ھەرقانداق گۆشنى يېسە بولىدۇ. لېكىن باشقىلارنى ئۆيىمىزدە ئازادە ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن چوشقا گۆشىنى ئۆيگە كىرگۈزمەسلىكىمىز دانالىق ئىش بولىدۇ.

شۇڭا بۇ يەردە پاۋلۇسنىڭ ھايۋان قۇربانلىقلىرىغا قاتنىشىشى بۇ قۇربانلىقنى ئىناۋەتلىك دەپ ئېتىراپ قىلىشىغا باراۋەر بولمىسىمۇ (ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قۇربانلىق ئەسلى گۇناھنى يۇيىدىغان ئەمەس، بەلكى «تەشەككۈر قۇربانلىقى» ياكى «قەسەم ئىچىش قۇربانلىقى» بولسا كېرەك ئىدى)، لېكىن يېرۇسالېمدىكى مۇشۇ ئاجىز ئېتىقادلىق قېرىنداشلىرىنى دەپ ئۇ «ئىناق-خاتىرجەملىكىنىڭ رىشتىسى بىلەن، روھتا بولغان بىرلىكنى تۇتۇش»قا ئىنتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەخلاق جەھەتتىن ھېچقانداق چېكىنىش بولمايدۇ، پەقەت يەھۇدىي قېرىنداشلارنىڭ ئېتىقادىدا كەملىك بولىدۇ، خالاس. شۈبھىسىزكى، پاۋلۇس كېيىنچە ئۇلارنىڭ نەشەنچى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشسەم، ئۇلارغا ئىشلارنى توغرىراق چۈشەندۈرىمەن، دېگەن ئۈمىدتە بولغان. لېكىن ھازىر بولسا ئۇ بۇ تۆت كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ پائالىيىتىگە قاتنىشىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ قۇربانلىقلىرىنىڭ چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ بۇنداق قىيىن ئەھۋالغا ئەسلىدە ھەرگىز چۈشۈرۈلمەسلىكى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ شاپائەت بىلەن ئۇنىڭغا سەۋر قىلىدۇ ۋە شۇنداقلا ئۆزى دائىم تەۋسىيە قىلىدىغان مېھىر-مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: —

«مۇھەببەت سەۋر-تاقەتلىك، مېھرىبانلىقتۇر؛
مۇھەببەت ھەسەتخورلۇق قىلمايدۇ؛
مۇھەببەت ئۆزىنى ماختىمايدۇ،
تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ،
نومۇسسىزلىق قىلمايدۇ،
ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يۈرمەيدۇ،
تېرىكتۈرۈلمەيدۇ،
كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ؛
ھەققانىيسىزلىقتىن خۇشال بولمايدۇ،
بەلكى ئەمەلىيەتتىن، ھەقىقەتتىن خۇشال بولىدۇ؛

ھەممە ئىشتا قورسىقى كەڭلىك قىلىدۇ، ھەممىگە يېزىلىنىپ خۇداغا
ئىشىنىدۇ، ھەممە ئىشقا ئۈمىد باغلايدۇ، ھەممىگە چىدايدۇ.
مېھىر-مۇھەببەت ھەرگىز تۈگىمەيدۇ».
(«1كور.» 13-بابتىن).

# ئىنجىل 6-قىسىم

# «رىملىقلارغا»

## روسۇل پاۋلۇس رىم شەھىرىدىكى

## جامائەتكە يازغان مەكتۇپ

## كىرىش سۆز

## تۆت ئىزاھات

رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، رىم ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە ۋە ياۋروپا، ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ھىندىستاندا نۇرغۇن ئېتىقادچى جامائەتلەر پەيدا بولدى. رەببىمىزنىڭ روسۇللىرى پاۋلۇس، پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپ، يەھۇدا ۋە باشقىلار ئېتىقادچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن بۇ جامائەتلەرگە ناھايىتى كۆپ مەكتۇپلارنى ياكى سالام خەتلەرنى يازدى. ئىنجىلدا بۇلاردىن جەمئىي 21 مەكتۇپ بىز ئۈچۈن ساقلىنىپ كەلمەكتە. جامائەتلەر باشتىن باشلاپ بۇ مەكتۇپلارنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ يوليورۇقى ۋە ۋەھيىسى بىلەن يېزىلغانلىقىنى بىلىپ يەتكەچكە، ئۇلارنى قەتئىيلىك بىلەن ساقلىدى، شۇنداقلا ئۇلاردىن نۇرغۇن كۆچۈرمىلەرنى يېزىپ باشقا جامائەتلەرگە ئەۋەتىشكە باشلىدى. خۇداغا مىڭ تەشەككۈر بولسۇن، مانا شۇ سەۋەبتىن بۇ قىممەتلىك يازمىلار مۇقەددەس ئىنجىلنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ھازىر قولىمىزدا تۇرىدۇ.

ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن روسۇل پاۋلۇس ھەمدە باشقا روسۇللارنىڭ مەكتۇپلىرىنى ئوقۇشتىن ئاۋۋال مەكتۇپلىرىدا ئىشلىتىلگەن بەزى ئالاھىدە سۆز-ئىبارىلەر توغرۇلۇق توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## (1) «روھ»، «جان»، «تەن» ۋە «ئەت» توغرۇلۇق

خۇدا دەسلەپتە ئىنساننى ياراتقاندا «روھ، جان، تەن»نى بىرلەشتۈرۈپ ياراتقانىدى. «روھ» بولسا ئىنساننىڭ ئاساسىي ياكى ئاساسىي ۋۇجۇدى، ئىرادىسى، «ھايات كۆچى» دېگەنلىكتۇر. بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىز روھىمىزدىن بىلىنىدۇ. «جان» بولسا ئىنساننىڭ زېھنى، ئوي-پىكىرلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. «تەن»نىڭ مەنىسى ھەممىمىزگە ئايان.

خۇدانىڭ ئىنسانغا بولغان مەقستى ئىنساننى «روھىي» ياكى «روھانىي» ئادەم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. «روھىي» دېگىنىمىز ئىنساننىڭ بارلىق ئىشلىرى «روھ»تىن كەلسۇن، دېگەنلىكتۇر؛ دېمەك، ئىنساننىڭ روھى خۇدانىڭ روھى بىلەن ئالاقىدە بولغاندا، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنىپ بىلىپ، ئۇنىڭ جېنى ئارقىلىق تېنىنى باشقۇرغان ھالدا ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. باشقا نۇقتىدىن ئېيتقاندا، روھ خوجايىن، جان غوجىدار، تەن قۇل بولىدۇ. روھ بولسا خۇدانىڭ روھى بىلەن ئالاقىدە بولۇپ خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرىدۇ. «جان» (ئىنساننىڭ ھېسسىياتلىرى، ئوي-پىكىرلىرى ۋە زېھنىدىن تەركىب تاپقان) بولسا غوجىدار بولۇپ، روھنىڭ خەۋەر-ئەمرلىرىنى تېنىگە يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ تەن خىزمەتكار بولۇپ خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. بىراق ئادەمئاتىمىز گۇناھ سادىر قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ تەرتىپ ئەكسىچە بولۇپ قالغان. ئىنساننىڭ روھى ئۆز تېنىگە خوجايىن بولماي، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئېتىدىكى تەلەپلەر ئۆزىگە خوجايىن بولۇپ، ئۆز «جېنى»غا، يەنى ھېسسىياتلىرى، ئوي-پىكىرلىرى ۋە زېھنىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى باشقۇرۇشقا باشلىغان. ئۇ ئۆز روھى ئارقىلىق خۇدانىڭ روھى بىلەن بولغان ئالاقىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆلۈكتەك بولغان. گۇناھ ئېتىدە ماكانلىشىپ، ئىنسان ئۆز ئېتىنىڭ تەلەپلىرىنى ھەممە ئىشلار ئارىسىدا بىرىنچى ئورۇنغا قويغان.

روسۇللاردىن پاۋلۇس، پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپ ۋە يەھۇدالار رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ «روھ» ۋە «ئەت» توغرىسىدىكى تەلىمىگە ئەگىشىپ، ئۆز مەكتۇپلىرى ياكى سالام خەتلىرىدە «ئەت» دېگەن سۆزنى ئۈچ خىل مەنىدە ئىشلىتىدۇ: — (1) ئەسلى مەنىسىدە؛ ئادەمنىڭ تېنىنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) «ئىنسان»نى ياكى «پۈتكۈل ئىنسانلار»نى كۆرسىتىدۇ؛ بۇ مەنىدە ئىشلىتىلگەندە بىز «ئەت ئىگىسى» ياكى «ئەت ئىگىلىرى» دەپ

تەرجىمە قىلدۇق؛ (3) «گۇناھنىڭ قورالى» دېگەن مەنىدە؛ دېمەك، گۇناھ ئەتلىرىمىزنى قورال قىلىپ ئۇ ئارقىلىق بىزنى ئازدۇرىدىغانلىقى ۋە باشقۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئەت» دېگەن سۆز مۇقەددەس كىتابتا تۇنجى قېتىم «يار.» 3:6دە كۆرۈلگەندە، «ئادەمنى باشقۇرىدىغان گۇناھنىڭ قورالى»، «ئادەمنى باشقۇرىدىغان خوجايىن» دېگەن مەنىدە بولغان: — «مېنىڭ روھىم ھەردائىم ئىنسان بىلەن (ئىنسانىي ۋىجدانى بىلەن توغرا يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن) كۆرەش قىلمايدۇ؛ چۈنكى ئىنسان پەقەتلا «ئەت»تۇر». ئادەمئاتىمىز گۇناھ سادىر قىلىپ چۈشكۈنلەشكەندىن كېيىن، نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىگە كەلگۈچە ئىنسانلىنىڭ گۇناھلىق تەبىئىتى بارغانسېرى ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى ۋە ئاخىرىدا توپان جازاسىنى كەلتۈردى. «ئىنسان پەقەت «ئەت»تۇر» دېگەن سۆز مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئېيتىلغان. ئىنسان خۇدانىڭ روھى ئاستىدا ئەمەس، بەلكى «ئەت»، يەنى «گۇناھ ماكانلاشقان ئەت» ئاستىدا ياشاپ، ئۆز ئېتى ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۇنى دائىملىق گۇناھكار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئۇنى «پەقەتلا ئەتتۇر» دېدى.

روسۇل پاۋلۇس كۆپىنچە (گرېك تىلىدا يېزىلغان) مەكتۇپلىرىدا «ئەت»نى شۇ مەنىسىدە («رىملىقلارغا» 5:7-ئايەتتىن باشلاپ) ئىشلىتىدۇ. بەزى تەرجىمانلار گرېك تىلىدىكى «ئەت»نى «گۇناھكار تەبىئەت»، «ئىنسانىي گۇناھكار تەبىئەت»، ياكى «ئىنسانىي تەبىئەت» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ؛ بىزنىڭچە بۇنداق تەرجىمىنىڭ توغرا تەرەپلىرى بولسىمۇ، «ئەت»نىڭ تولۇق مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېتەلمەيدۇ ۋە بەزى ئەھۋاللاردا سەل ئۇقۇشماسلىقلارنى تۇغدۇرىدۇ. شۇڭا ئەينى سۆز بويىچە بىز پەقەت «ئەت» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

يۇقىرىدىكىسى تەن ۋە ئەت ئۈستىدىكى بايانلىرىمىز بولسىمۇ، مۇقەددەس كىتابتا ئىنسانلىنىڭ تېنىنى ياكى جىسمانىي قىسمىنى ناپاك، پاسكىنا دېگەن سۆز يوق. خۇدا تېنىمىزنى ياراتقان، تەن ئىنتايىن كارامەت بىر نەرسىدۇر (مەسىلەن، «زەب.» 14:139-16). مەسىلە شۇكى، گۇناھ تېنىمىزنى، يەنى ئېتىمىزنى ئۆز ماكانى قىلغان («رىم.» 6:6-ئايەتتە ۋە 12:6-13دە بۇ ھەقىقەتلەر ئوچۇق كۆرۈنىدۇ).

روسۇللارنىڭ مەكتۇپلىرىدا «ئەت» يۇقىرىقى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مەنىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ؛ شۇ يەرلەردە ئوقۇرمەنلەر ئالدى-كەينى سۆزلىرىدىن بۇنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ.

## (2) «مەسىھتە»، «رەبدە»، «روھتا»، «خۇدادا» ۋە «ئەتتە» دېگەن سۆزلەر توغرۇلۇق

«مەسىھتە» روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبارىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى: «مەسىھنىڭ خوجايىنلىقى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا، مەسىھ بىلەن بىر بولغاندا، مەسىھگە باغلانغاندا، مەسىھگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇنىڭدىن ئىلتىپات، كۈچ-قۇدرەتنى ئالغاندا...» قاتارلىقلار. «رەبدە»، («رەببىمىزدە») ياكى «مەسىھ ئەيسادا»، «روھتا» ۋە «خۇدادا» دېگەن ئىبارىلەرمۇ يەنە رەب ياكى مەسىھ ئەيسا، (مۇقەددەس) روھ ۋە خۇدا بىلەن بولغان يۇقىرىقى تەرەپتىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئىبارىلەرنىڭ ئەكسى «ئەتتە بولۇش» دېگەن ئىبارىدۇر. ئۇ ئادەمنىڭ «ئەت»نىڭ خوجايىنلىقى ۋە ئىلكىدە بولۇش، ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىق، «ئەتنىڭ، شۇنداقلا ئەت ئىچىدە تۇرغان گۇناھنىڭ قۇللۇقىدا بولۇش» قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ.

## (3) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تەۋرات قانۇنى بىلەن مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق

تەۋرات قانۇنىنى ئوقۇپ چىققانلارغا مەلۇمكى، ئۇنىڭ جەمئىي بەش جەھەتتە تەلىپلىرى بار: —

(1) ئەخلاق جەھەتتىكى تەلەپلەر. بۇلار پەقەت «مىسىردىن چىقىش» 20-بابتا خاتىرىلەنگەن «ئون ئەمر-پەرھىز»لا ئەمەس، بەلكى تەۋراتنىڭ باشقا يەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن ئەخلاق تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «خۇدادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھلىقلار بولمىسۇن»، «ئاتا-ئاناڭلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار»، «ئوغرىلىق قىلماڭلار»، «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن»، «ھېچقانداق پالچىلىق قىلماڭلار» قاتارلىقلار بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئەخلاق توغرىسىدىكى تەلەپلەر بار. ئىشەنچىمىز كاملىكى، بۇنداق تەلەپلەرنى ھەر دەۋردىكى ئىشەنگۈچىلەر تولىمۇ ھەققانىي، دۇرۇس، ئىسىل دەپ قارايدۇ.

(2) يەھۇدىي خەلقىنىڭ شارائىتىغا ۋە سالامەتلىكىگە ئۇيغۇن بەزى ئەمەلىي تەلەپلەر: مەسىلەن، «كىشىلەرنى شۇ يەردىن يىقىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئۆيۈڭلارنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئەتراپىغا توسما تام ياساڭلار» (يەھۇدىي خەلقى دائىم ئۆگزىلىرىدە تاماق يەيدۇ، ئۇخلايدۇ)، «تەرەت قىلىدىغان يەر تۇرالغۇ جايلىرىڭلاردىن ئايرىم جايدا بولسۇن».

(3) قانۇنغا خىلاپلىق ئىشلارغا قارىتا تېگىشلىك جازالار؛ مەسىلەن: «ئەگەر مەلۇم بىر ئادەمنىڭ كالىسى باشقا بىرسىنىڭ كالىسىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇلار ئۈسكۈچى كالىنى سېتىپ پۇلىنى تەڭ ئۈلەشسۇن ھەم ئۆلگەن كالىنىڭ گۆشىنىمۇ شۇنداق قىلسۇن»، قاتارلىقلار

(4) «ئوبراز جەھەتتىكى» تەلەپلەر. مەسىلەن، «ئۇستۇڭگە ئىككى خىل رەختتىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيمە»، «كالا ۋە ئېشەكنى تەڭ قوشقا قاتقىلى بولمايدۇ» قاتارلىقلار.

(5) ئىبادەت چېدىرىغا ياكى ئىبادەتخانىغا ۋە شۇنىڭدەك ھېيت-بايراملارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى رەسىم-قائىدىلەر، جۈملىدىن ئادەمنىڭ گۇناھىنى تىلەيدىغان ۋە باشقا قۇربانلىقلارغا باغلانغان ئەمرلەر.

(يۇقىرىقى 4- ۋە 5-ئەمرلەرنىڭ ھەممىسى «سىمۋوللۇق، بېشارەتلىك» ئەمرلەر دەپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار كەلگۈسى زاماندىكى، مەسىھتە بولىدىغان نىجاتنى كۆرسىتىدۇ).

ئەمدى روسۇل پاۋلۇسنىڭ «بىز «مەسىھتە» (مەسىھ ئارقىلىق) تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىلكىدىن خالاس بولدۇق»، «مەسىھتە تەۋرات قانۇنىغا نىسبەتەن ئۆلدۇق» («رىم.» 8-7:7) دېگەن سۆزلىرى قانۇننىڭ قايسى جەھەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ؟ بىزنىڭچە بۇ ھەربىر جەھەتتىن ئېيتىلىدۇ.

مەسىھنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇ ئىنسانلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، «ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىق» بولۇپ، تەۋرات قانۇنىدا كۆرسىتىلگەن بارلىق بېشارەتلىك، سىمۋوللۇق تەلەپلەرنى بىراقلا ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ تەلەپلەر ئۇنىڭ قۇربانلىقى بىلەن ھېچكىمگە كېرەك ئەمەس بولۇپ قالدى، ئەلۋەتتە. بىراق مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تەۋرات قانۇنىدىكى باشقا تەلەپلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى.

ھەربىر دەۋردە خۇدانىڭ ئىنسانغا بولغان تېگىشلىك ئەخلاق تەلەپلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ھالقىلىق ئىش شۇكى، ئىنسان ئەسلىدىلا گۇناھكار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەلەپلەرگە ھەرگىز ئەمەل قىلالمايدۇ. بۇ تەلەپلەرنى روسۇل پاۋلۇس «رىملىقلارغا» 4:8دە «قانۇننىڭ ھەققانىي تەلىپى» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، «تەۋرات قانۇنى»دىكى ئەخلاق تەلەپلىرى خۇدانىڭ ئىنسانغا بولغان پۈتۈن ئەخلاق تەلەپلىرىنى ئىپادىلىمەيدۇ (مەسىھنىڭ بۇ توغرۇلۇق تەلىمىنى كۆرۈڭ ــ «ماتتا» 5-7-بابلار). تۇغۇلۇپ قىلغان ھەربىر ئىشەنگۈچى تەۋرات قانۇنىدىكى ئەخلاق تەلەپلىرىنى ئىنتايىن ئېسىل، ئىنتايىن ياخشى دەپ قارايدۇ ۋە خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن بۇلارغا ئەمەل قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ بىراق ئىشەنگۈچى ئۆزىگە تايىنىپ ئۇلارغا ئەمەل قىلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنغا ئەمەل قىلىشقا بولغان ئۇنۇمسىز تىرىشىشلىرىنى تاشلاپ قويغان ۋە ئۆزىنى ئىشەنگۈچى سۈپىتىدە «قانۇنغا نىسبەتەن ئۆلگەن» دەپ ھېسابلايدۇ. ئېتىقادچى خۇدانىڭ يېڭى ئەھدىسىگە ئىشىنىپ، خۇداغا تايىنىپ: ــ «خۇدانىڭ ماڭا ئاتا قىلغان روھى ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» دەپ ئىشىنىدۇ. ھازىر ئەمەل قىلغۇچى، ئىشلىگۈچى، ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغۇچى ئۇ ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆزىدۇر. خۇدا ئۆز مۇھەببىتىنى قەلبىمىزگە قۇيغاندىن كېيىن («رىم.» 8:5) ئۇ ئۆزى بىز ئارقىلىق ئۆز ئەمەللىرىنى يۈرگۈزىدۇ، ئۆز مۇھەببىتىنى باشقىلارغا كۆرسىتىدۇ: ــ «باشقىلارنى سۆيگەن كىشى ئۆز يېقىنىغا ھېچقانداق يامانلىق قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېھىر-مۇھەببەت بولسا، تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر» («رىم.» 10:13).

## (4) بىر-بىرىمىزنى قوبۇل قىلىش (ئېتىقادنى قوبۇل قىلىش، «روھىي قوبۇل قىلىش»)

روسۇللاردىن پاۋلۇس ھەم پېترۇسلار يەنە بىر ئىبارىنىمۇ پات-پات ئىشلىتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «ئادەمنى قوبۇل قىلىش» ياكى «ئادەمنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىش»تىن ئىبارەت. بىرسى ئۆزىنى مەسىھكە تاپشۇرغىنىدىلا ئاندىن ئۇنىڭ روھى ۋە جېنىدا خۇدانىڭ «يېڭى بىر قوبۇل قىلىنىش»ى دەرھال باشلىنىدۇ. بۇ قوبۇل قىلىنىش بولسا خىش ۋە لايدىن قوپۇرۇلغان بىنا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي يېڭى خاراكتېر ۋە مىجەز، يېڭى ئادەتلەر ۋە يوللار، يېڭى پوزىتسىيەلەر، يېڭى كۆز-قاراشلار ۋە چۈشەنچىلەر، بۇرۇن «مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىشلارنى «مۇمكىن» دەيدىغان يېڭى بىر ئىشەنچتىن تەركىب تاپقان قوبۇل قىلىنىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. خۇداغا ئىتائەت قىلىدىغان ھەربىر باسقۇچ بۇ قوبۇل قىلىنىشنى ئالغا سۈرىدۇ. مەسىھتە بولغان ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللارمۇ ياردەم بېرىدۇ. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەربىر يېڭى تەلىمى، رىغبەت سۆزى، مۇھەببەت ئىپادىلىرىنىڭ ھەممىسى يەنە بىر «قىممەتلىك خىش»نى قوبۇل قىلىشقا قوشۇپ قويغانلىق بولىدۇ. دۇنيادا تۇرغان بارلىق كۈنلىرىمىزدە بۇ قوبۇل قىلىش توختىماي داۋاملىشىدۇ؛ خۇداغا تەشەككۈر، بىنانىڭ ئۆزۈنلۈكى، كەڭلىكى، ياكى قوبۇل قىلىش ماتېرىياللىرىنىڭ قىممەتلىكلىكىگە ھېچقانداق چەك قويۇلمىغاندۇر! شۇ يول بىلەن بىز «بىر-بىرىمىزنى قۇرالايمىز».

ئەمدى يېڭى قوبۇل قىلىش بولسا خۇدانىڭ ماكان قىلىشىغا مۇۋاپىق «ئىبادەتخانا» بولىدۇ («1كور.» 3:9-17، «گال.» 2:18، «ئەف.» 2:18-22، «1پېت.» 2:1-10نى كۆرۈڭ).

## روسۇلنىڭ مەكتۇپنى يېزىش مەقسەتلىرى

ئۆزۈندىن بېرى مەسىھىي جامائىتىدىكى ئالىملار بۇ خەتنى پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدىكى جامائەت بىلەن بولغان ۋاقتىدا يازغان، دەپ قاراپ كەلدى. بەزى كونا كۆچۈرمە يازمىلاردا مۇشۇنداق خەۋەرمۇ قوشۇلۇپ پۈتۈكلۈكتۇر. روسۇلنىڭ يېزىش مەقسەتلىرى مەكتۇپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇرمەنلەرگە ئايان قىلىنىدۇ؛ ئۇلار قىسقىچە: —

(1) رىم شەھىرىدىكى ئېتىقادچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش؛

(2) ئىنجىل، يەنى «خۇش خەۋەر»نىڭ تولۇق مەزمۇنىنى باشتىن-ئاخىرغىچە قەدەممۇ-قەدەم ئايان قىلىش («ئىنجىل» گرېك تىلىدا «خۇش خەۋەر» دېگەن مەنىدە).
(3) يەھۇدىي ئىشەنگۈچىلەر ۋە يەھۇدىي ئەمەس ئىشەنگۈچىلەرنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىش، بىر-بىرىنى قوبۇل قىلىش، قەدىرلەش، سۆيۈش، شۇنداقلا بىرلىكتە بولۇشقا ئۈتۈنۈش.

يۇقىرىقى 2-مەقسەتتىن قارىغاندا، «رىملىقلارغا» دېگەن مەكتۇپ ھەربىر ئىشەنگۈچى ئۈچۈن بىباھا خەزىنىدۇر. «رىملىقلارغا»نى چۈشەنگەن ئېتىقادچىنى «ئەتراپلىق قوراللاندۇرۇلغان ئادەم»، «يولدىن ئاسان ئازدۇرۇلمايدىغان ئادەم» دېگىلى بولىدۇ.

## مەزمۇن: –

1-3-باب — ئىنسانلارنىڭ گۇناھكار ھالىتى؛ گۇناھنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى؛ يەھۇدىي ۋە يەھۇدىي ئەمەسلەرمۇ خۇدا ئالدىدا باھانە-سەۋەب كۆرسىتەلمەيدىغانلىقى؛ خۇدانىڭ نىجاتلىق جاۋابى.
4-باب — ئېتىقادنىڭ يولى — ئىبراھىم
5-باب — ئېتىقادچىنىڭ يىلتىزى ئادەمئاتا ئەمەس، بەلكى مەسىھدۇر.
6-باب — گۇناھقا نىسبەتەن ئۆلۈش
7-باب — تەۋرات قانۇنىغا نىسبەتەن ئۆلۈش
8-باب — مەسىھتە غالىبىيەتچى بولۇش
9-11-بابلار — ئىسرائىل توغرۇلۇق — ئۇنىڭ كەلگۈسى نېمە بولار؟ خۇدانىڭ ئاخىرقى مەقسەتلىرى
12-15-بابلار — جېكىلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش
16-باب — ئاخىرقى سالاملار

# رىملىقلارغا

## روسۇل پاۋلۇس رىم شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان مەكتۇپ

1 [1] روسۇللۇققا تاللاپ چاقىرىلغان، خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى
جاكارلاشقا ئايرىپ تەيىنلەنگەن، مەسىھ ئەيسانىڭ قۇلى بولغان
مەنكى پاۋلۇستىن سالام!
[2] خۇدا بۇ خۇش خەۋەرنىڭ كېلىشىنى خېلى بۇرۇنلا پەيغەمبەرلىرى
ئارقىلىق مۇقەددەس يازمىلاردا ۋەدە قىلغانىدى.[3-4] بۇ خۇش خەۋەر ئۆز
ئوغلى، يەنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىدۇر؛ جىسمانىي
جەھەتتىن ئۇ داۋۇتنىڭ نەسلىدىن تۇغۇلغان؛ بىردىنبىر پاك-
مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلۈش ئارقىلىق «كۈچ-
قۇدرەت ئىگىسى خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ كۆرسىتىلىپ بېكىتىلگەن؛
[5] ئۇ ئارقىلىق، شۇنداقلا ئۇنىڭ نامى ئۈچۈن بارلىق ئەللەر ئارىسىدا
خۇداغا ئېتىقادتىن بولغان ئىتائەتمەنلىك ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشكە
بىز مېھىر-شەپقەتكە ۋە روسۇللۇققا مۇيەسسەر بولدۇق؛ [6] سىلەر ئۇلار

**1:1** روس. 9:15؛ 2:13؛ گال. 1:15.

**2:1** يار. 3:15؛ 18:22؛ 26:4؛ 49:10؛ قان. 18:15؛ 2سام. 7:12؛ زەب. 132:11؛ يەش. 4:2؛ 7:14؛ 9:5؛ 40:10؛ يەر. 23:5؛ 33:14؛ ئەز. 34:23؛ 37:24؛ دان. 9:24؛ مك. 7:20.

4-3:1 **«جىسمانىي جەھەتتىن ئۇ داۋۇتنىڭ نەسلىدىن تۇغۇلغان»** ــ مۇشۇ «داۋۇت» بولسا داۋۇت پەيغەمبەر، يەنى ئىسرائىلغا پادىشاھ بولغان داۋۇت. نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر مەسىھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادىدىن بولىدۇ، دەپ بېشارەت بەرگەنىدى. **«بىردىنبىر پاك-مۇقەددەس روھ»** ــ گرېك تىلىدا «پاك-مۇقەددەسكە تەۋە بولغان روھ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىزنىڭچە، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ ئۆز مۇقەددەس روھىنى كۆرسىتىدۇ؛ بەزى ئالىملار بۇ ئىبارىنى مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆز روھىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**4-3:1** مات. 1:1؛ لۇقا 1:32؛ روس. 2:30؛ 13:23؛ 2تىم. 2:8؛ يەش. 9:5؛ 44:6؛ 54:5؛ يـۇھ. 2:19؛ رىم. 9:5؛ 1يۇھ. 5:20.

5:1 **«ئۇنىڭ نامى ئۈچۈن بارلىق ئەللەر ئارىسىدا خۇداغا ئېتىقادتىن بولغان ئىتائەتمەنلىك ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشكە بىز مېھىر-شەپقەتكە ۋە روسۇللۇققا مۇيەسسەر**

ئارىسىدا، ئەيسا مەسىھ تەرىپىدىن چاقىرىلغانسىلەر.
[7] شۇڭا، خۇدا سۆيگەن ۋە ئۇ «مۇقەددەس بەندىلىرىم» دەپ چاقىرغان
رىم شەھىرىدىكى ھەممىڭلارغا، ئاتىمىز خۇدادىن ۋە رەببىمىز ئەيسا
مەسىھتىن مېھىر-شەپقەت ۋە ئامان-خاتىرجەملىك بولغاي!

## تەشەككۈر دۇئاسى

[8] ئالدى بىلەن مەن ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ھەممىڭلار ئۈچۈن
خۇدايىمغا تەشەككۈر ئېيتىمەن؛ چۈنكى سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلار
پۈتكۈل ئالەمگە پۇر كەتتى. [9] ئۆز ئوغلى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەردە
چىن روھ-قەلبىم بىلەن مەن خىزمىتىنى قىلىۋاتقان خۇدا ئۆزى مېنىڭ
دۇئالىرىمدا سىلەرنى شۇنچە ئۈزلۈكسىز ئەسلەپ تۇرغانلىقىمغا گۇۋ

---

**بولدۇق»** ــ «ئەللەر» مۇشۇ يەردە يەھۇدىي ئەمەس ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. تەۋراتتا بەزىدە يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن «يات ئەللەر» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. **«خۇداغا ئېتىقادتىن بولغان ئىتائەتمەنلىك ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشكە...»** ــ گرېك تىلىدا سۆزمۇسۆز پەقەت «ئېتىقادنىڭ ئىتائىتى ئۈچۈن...» دېيىلىدۇ.

**6:1 «سىلەر ئۇلار ئارىسىدا، ئەيسا مەسىھ تەرىپىدىن چاقىرىلغانسىلەر»** ــ «ئۇلار ئارىسىدا» ــ يەنى مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان يات ئەللەر ئارىسىدا. دېمەك، رىملىق ئېتىقادچىلار دەل روسۇل پاۋلۇس ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا چاقىرىلغان كىشىلەردىندۇر. **«ئەيسا مەسىھ تەرىپىدىن چاقىرىلغانسىلەر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەسىھكە مەنسۇپ بولۇشقا (خۇدا تەرىپىدىن) چاقىرىلغان...».

**7:1** 1كور. 1:2؛ ئەف. 1:1.

**8:1 «سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلار پۈتكۈل ئالەمگە پۇر كەتتى»** ــ رىم ئىمپېرىيەسىدىكىلەر رىمنىڭ قانۇنى بويىچە: «ئىمپېراتورى «قەيسەر»نى «رەب خۇدا» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇڭا «ئەيسا مەسىھ رەببىمدۇر» دەپ ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتتىق قارشىلىققا ۋە كۆپ قېتىم دەھشەتلىك زىيانكەشلىككە ئۇچراشقا باشلىدى. پايتەختى رىم شەھىرىدىكى پۇقرالاردىن بەزىلىرىنىڭ مەسىھكە باغلانغانلىقى: «رىم شەھىرىدە مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەر بار ئىكەن!» دەپ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى.

اھتۇر. [10] مەن دۇئالىرىمدا، مۇمكىن قەدەر خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن
سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بېرىشقا ئاخىر مۇيەسسەر بولۇشقا ھەمىشە
ئۆتۈنىمەن. [11] چۈنكى مەن سىلەرنى بىرەر روھىي ئىلتىپاتقا ئىگە
قىلىش ئارقىلىق مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە
ئىنتايىن تەقەززامەن؛ [12] يەنى، مەن ئاراڭلاردا بولسام، بىر-بىرىمىزنىڭ
ئېتىقادىدىن ئۆزئارا تەسەللى ۋە ئىلھام ئالالايمىز دېمەكچىمەن.

[13] قېرىنداشلار، مەن سىلەرنىڭ شۇنى بىلىشىڭلارنى خالايمەنكى،
باشقا يەردىكى ئەللىكلەرنىڭ ئارىسىدا خىزمىتىم مېۋە بەرگەندەك،
سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ خىزمىتىمنىڭ مېۋە بېرىشى ئۈچۈن
يېنىڭلارغا بېرىشنى كۆپ قېتىم نىيەت قىلدىم، لېكىن بۈگۈنگىچە
توسالغۇغا ئۇچراپ كېلىۋاتىمەن. [14] مەن ھەرقانداق ئادەملەرگە،
مەيلى يۇنانلىقلار ۋە يات تائىپىلەرگە، دانىشمەن ۋە نادانلارغا

---

9:1 **«ئۆز ئوغلى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەردە چىن روھ-قەلبىم بىلەن مەن خىزمىتىنى قىلىۋاتقان خۇدا...»** ــ گرېك تىلىدا «چىن روھ-قەلبىم بىلەن» پەقەت «روھىمدا» دېيىلىدۇ. **«خىزمىتىنى قىلىۋاتقان خۇدا...»** ــ «خىزمىتى» مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا ئالاھىدە «روھىي خىزمەت» ياكى «كاھىنلىق خىزمەت»نى كۆرسىتىدۇ.

**9:1** رىم. 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 2تىم. 3:1.

**10:1** رىم. 23:15، 32.

11:1 **«روھىي ئىلتىپات»** ــ مۇقەددەس روھتىن كېلىدىغان ئالاھىدە، مۆجىزىلىك قابىلىيەتتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن، «1كور.» 12-14-بابلارنى كۆرۈڭ.

**11:1** رىم. 29:15؛ 1تېس. 10:3.

13:1 **«سىلەرنىڭ شۇنى بىلىشىڭلارنى خالايمەنكى...»** ــ بۇ سۆزلەر ئادەتتە رىم ئىمپېراتورى يارلىق چۈشۈرگەندە ئىشلىتىدىغان ئىبارە ئىدى. روسۇل پاۋلۇس تۆۋەندىكى گېپىنى «ئالەم ئىمپېراتورى ئەيسا مەسىھ»دىن كەلگەن دەپ پۇراتماقچى ئوخشايدۇ. ئەينى سۆزلەر «شۇنى بىلمەسلىكىڭلارنى خالىمايمەنكى،...». **«ئەللىكلەر»** ــ بارلىق يەھۇدىي ئەمەس مىللەتلەر، «يات ئەللەر»، «تائىپىلەر».

**13:1** 1تېس. 18:2.

بولسۇن، ھەممىسىگە قەرزدارمەن. [15] شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمكانىيەت ماڭا
يار بەرسىلا مەن رىمدىكى سىلەرگىمۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بايان
قىلىشقا قىزغىنمەن.

## خۇش خەۋەرنىڭ زور قۇدرىتى

[16] چۈنكى مەن مەسىھ توغرىسىدىكى بۇ خۇش خەۋەردىن ھەرگىز
خىجىل بولمايمەن! چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ
ھەممىسىنى، ئالدى بىلەن يەھۇدىيلارنى، ئاندىن كېيىن گرېكلەرنى
نىجاتقا ئېرىشتۈرىدىغان خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىدۇر! [17] چۈنكى خۇش
خەۋەردە ئېتىقادقا ئاساسلانغان، خۇدانىڭ بىرخىل ھەققانىيلىقى
ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ۋەھيي قىلىنغاندۇر. مۇقەددەس يازمىلاردا
يېزىلغىنىدەك: ــ «ھەققانىي ئادەم ئىشەنچ-ئېتىقادى بىلەن ھايات
بولىدۇ».

---

14:1 **«... ھەرقانداق ئادەملەرگە، مەيلى يۇنانلىقلار ۋە يات تائىپىلەرگە، دانىشمەن ۋە نادانلارغا بولسۇن...»** ــ مۇشۇ يەردە «يات تائىپىلەر» يۇنانلىق ئەمەسلەرنى ياكى شۇ دەۋردىكى «مەدەنىيەت بەلگىسى بولغان يۇنان تىلى»نى سۆزلىيەلمەيدىغان «مەدىنىيەتسىزلەر»نى كۆرسىتىدۇ. **«مەن... ھەممىسىگە قەرزدارمەن»** ــ بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم «ھەممىسىگە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە قەرزدارمەن» بولسا كېرەك.

**14:1** 1كور. 16:9.

16:1 **«مەسىھ توغرىسىدىكى بۇ خۇش خەۋەر»** ــ گرېك تىلىدا «مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرى» دېگەن سۆزدە ئىپادىلىنىدۇ. **«گرېكلەر»** ــ (ياكى «يۇنانلىقلار») مۇشۇ يەردە بارلىق يەھۇدىي ئەمەس ئەللىكلەر ياكى مىللەتلەرگە ۋەكىل قىلىدۇ. **«...نىجاتقا ئېرىشتۈرىدىغان خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىدۇر»** ــ «نىجات» دېگەن خۇدا ئادەمنى گۇناھنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇپ، مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئاتا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**16:1** زەب. 40:9-10؛ 1كور. 1:18؛ 2:15؛ 2تىم. 1:8.

17:1 **«خۇش خەۋەردە ئېتىقادقا ئاساسلانغان، خۇدانىڭ بىرخىل ھەققانىيلىقى ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ۋەھيي قىلىنغاندۇر»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «خۇش خەۋەردە خۇدادىن كەلگەن، باشتىن ئاخىر ئېتىقادقا ئاساسلانغان (بىر) ھەققانىيلىق ئاشكارىلانغاندۇر». **«ھەققانىي ئادەم ئىشەنچ-ئېتىقادى بىلەن ھايات بولىدۇ»** ــ «ھاب.» 4:2.

**17:1** ھاب. 4:2؛ يۇھ. 36:3؛ رىم. 21:3؛ گال. 11:3؛ فىل. 9:3؛ ئىبر. 38:10.

## ئىنسانىيەتنىڭ چۈشكۈنلۈك جەريانى

[18]چۈنكى ھەققانىيەتسىزلىك بىلەن ھەقىقەتنى باسىدىغان
ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىپلاسلىقىغا ۋە ھەققانىيەتسىزلىكىگە
نىسبەتەن خۇدانىڭ قاراتقان غەزىپى ئەرشتىن ئوچۇق ۋەھيي
قىلىنماقتا. [19]چۈنكى ئىنسانلار خۇدا توغرىسىدا بىلەلەيدىغان
ئىشلار ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرىدۇ؛ چۈنكى خۇدا ھەممىنى ئۇلارغا
ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن [20](چۈنكى دۇنيا ئاپرىدە بولغاندىن بېرى
خۇدانىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ئۆزگىچىلىكلىرى، يەنى مەڭگۈلۈك
قۇدرىتى ۋە بىردىنبىر خۇدا ئىكەنلىكى ئۆزى ياراتقان مەۋجۇداتلار
ئارقىلىق ئوچۇق كۆرۈلمەكتە، شۇنداقلا بۇنى چۈشىنىپ يەتكىلى
بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار ھېچ باھانە كۆرسىتەلمەيدۇ) [21]—
چۈنكى ئىنسانلار خۇدانى بىلسىمۇ، ئۇنى خۇدا دەپ ئۇلۇغلىمىدى،
ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتمىدى؛ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئوي-پىكىرلىرى
بىمەنە بولۇپ، نادان قەلبى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. [22]ئۆزلىرىنى
دانىشمەن قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئەقىلسىز بولۇپ چىقتى؛
[23]چىرىماس خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ ئورنىغا چىرىپ ئۆلىدىغان
ئادەمزاتقا، ئۇچار-قاناتلارغا، تۆت ئاياغلىق ھايۋانلارغا ۋە يەر
بېغىرلىغۇچىلارغا ئوخشايدىغان بۇتلارنى ئالماشتۇرۇپ قويغاندى.
[24]شۇڭا خۇدا ئۇلارنى قەلبىدىكى شەھۋانىي ھەۋەسلىرى بىلەن
ئىپلاسلىق قىلىشقا، شۇنداقلا بىر-بىرىنىڭ تەنلىرىنى نومۇسقا
قالدۇرۇشقا قويۇپ بەردى. [25]ئۇلار خۇدا توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى
يالغانغا ئايلاندۇردى، ياراتقۇچىنىڭ ئورنىغا يارىتىلغان نەرسىلەرگە
چوقۇنۇپ، تاۋاپ-تائەت قىلغانىدى. ھالبۇكى، ياراتقۇچىغا تەشەككۈر-
مەدھىيە مەڭگۈگە ئوقۇلماقتا! ئامىن!

---

**19:1** روس. 17:14.

**20:1** زەب. 19:1-2.

**21:1** قان. 28:28

**23:1** 2پاد. 29:17.

[26] مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنى پەسكەش شەھۋانىي ھەۋەسلەرگە
قويۇپ بەردى. ھەتتا ئاياللارمۇ تەبىئىي جىنسىي مۇناسىۋەتنى
غەيرىي مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇردى؛ [27] شۇنىڭدەك، ئەرلەرمۇ ئاياللار
بىلەن بولىدىغان تەبىئىي جىنسىي مۇناسىۋەتلەرنى تاشلاپ، باشقا
ئەرلەرگە شەھۋانىي ھەۋەسلەر بىلەن كۆيۈپ پىشىدىغان بولدى.
ئەرلەر ئەرلەر بىلەن شەرمەندىلىككە كىرىشتى ۋە نەتىجىدە ئۇلارنىڭ
مۇخالىپ قىلمىشلىرى ئۆز بېشىغا چىقتى.
[28] ئۇلار خۇدانى بىلىشتىن ۋاز كېچىشنى لايىق كۆرگەنلىكى
تاللىغانلىقى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنى بۇزۇق نىيەتلەرگە ۋە
نالايىق ئىشلارنى قىلىشقا قويۇپ بەردى. [29] ئۇلار ھەرخىل
ھەققانىيەتسىزلىك، رەزىللىك، نەپسانىيەتچىلىك، ئۆچمەنلىككە
چۆمۈپ، ھەسەتخورلۇق، قاتىللىق، جېدەلخورلۇق، مەككارلىق ۋە
ھەرخىل بەتنىيەتلەر بىلەن تولدى. ئۇلار ئىغۋاگەر، [30] تۆھمەتخور،
خۇداغا نەپرەتلىنىدىغان، كىبىرلىك، ماختانچاق، چوڭچى، ھەرخىل
رەزىللىكلەرنى ئويلاپ چىقىرىدىغان، ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىمايدىغان، [31] يورۇتۇلمىغان، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، كۆيۈمسىز
ۋە رەھىمسىز ئىنسانلاردۇر. [32] ئۇلار خۇدانىڭ شۇلارغا بولغان ئادىل
ھۆكۈمىنى، يەنى شۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ ئۆلۈمگە لايىق
ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىسىمۇ، بۇ ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلىپلا
قالماي، بەلكى شۇنداق قىلىدىغان باشقىلاردىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنى
ئالقىشلايدۇ.

---

26:1 **«ئاياللارمۇ تەبىئىي جىنسىي مۇناسىۋەتنى غەيرىي مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇردى»** — گرېك تىلىدا «ئاياللارمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنى تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپ مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇردى» دېيىلىدۇ.

**26:1** لاۋ. 22:18، 23.

**32:1** ھوش. 3:7.

## خۇدانىڭ ھۆكۈمى

2 [1]ئەمدى ئەي باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىدىغان ئىنسان،
كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر باھانە كۆرسىتەلمەيسەن؛ چۈنكى
باشقىلار ئۈستىدىن قايسى ئىشتا ھۆكۈم قىلساڭ، شۇ ئىشتا ئۆز
گۇناھىڭنى بېكىتىسەن. چۈنكى ئەي ھۆكۈمچى، سەن ئۆزۈڭمۇ ئۇلارغا
ئوخشاش ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن. [2]بىزگە مەلۇمكى، خۇدانىڭ ئۇنداق
ئىشلارنى قىلغانلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشى مۇتلەق ھەقىقەتكە
ئاساسلانغاندۇر.
[3]شۇڭا، ئى شۇنداق ئىشلارنى قىلغانلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغۇچى،
شۇنداقلا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغۇچى ئىنسان،
ئۆزۈڭ خۇدانىڭ ھۆكۈمىدىن قاچالايمەن دەپ خىيال قىلامسەن؟
[4]ياكى خۇدانىڭ مېھرىبانلىقىنىڭ سېنى توۋا قىلىش يولىغا
باشلايدىغانلىقىنى ھېچ بىلمەي، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى، كەڭ
قورساقلىقى ۋە سەۋر-تاقىتىنىڭ مولللۇقىغا سەل قاراۋاتامسەن؟
[5]ئەكسىچە، توۋا قىلمايدىغان جاھىللىقىڭ ۋە تاش يۈرەكلىكىڭدىن،
خۇدا ئادىل ھۆكۈمىنى ئايان قىلىدىغان غەزەپلىك كۈنى ئۈچۈن سەن
ئۆز بېشىڭغا چۈشىدىغان غەزىپىنى توپلاۋاتىسەن.
[6]خۇدا ھەركىمگە ئۆز ئەمەللىرىگە يارىشا ئىش كۆرىدۇ. [7]ياخشى
ئىشلارنى سەۋرچانلىق بىلەن قىلىپ، شان-شەرەپ، ھۆرمەت-
ئېھتىرام ۋە باقىيلىقنى ئىزدىگەنلەرگە ئۇ مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىل
ىدۇ؛ [8]لېكىن شەخسىيەتچىلەرگە، ھەقىقەتكە تەن بەرمەي، ئەكسىچە
ھەققانىيەتسىزلىككە ئەگەشكەنلەرگە غەزەپ-قەھر ياغدۇرۇلىدۇ؛

**1:2** 2سام. 5:12؛ مات. 1:7؛ 1كور. 5:4.

**4:2** 2پېت. 15:3.

**5:2** رىم. 22:9.

**6:2** زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 12:14؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 22:12.

**7:2** **«ھۆرمەت-ئېھتىرام ۋە باقىيلىق...»** — گرېك تىلىدا «ھۆرمەت-ئېھتىرام ۋە چىرىمەسلىك...».

**8:2** 2تېس. 8:1.

[9] يامانلىق قىلىدىغان بارلىق جان ئىگىسىگە، ئالدى بىلەن
يەھۇدىيلارغا، ئاندىن گرېكلەرگە كۈلپەت ۋە دەرد-ئەلەم چۈشىدۇ؛
[10] بىراق، بارلىق ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا، ئالدى بىلەن يەھۇدىيلارغا،
ئاندىن يەھۇدىي ئەمەسلەرگە شان-شەرەپ، ھۆرمەت-ئېھتىرام ۋە
ئامان-خاتىرجەملىك تەقدىم قىلىنىدۇ. [11] چۈنكى خۇدادا ئادەمنىڭ
يۈز-خاتىرىسىنى قىلىش يوقتۇر.
[12] — چۈنكى تەۋرات قانۇنىنى بىلمەي گۇناھ سادىر قىلغانلارنىڭ ھەربىرى
تەۋرات قانۇنىنىڭ ھۆكۈمىگە ئۇچرىمىسىمۇ، ئەيىبكە ئۇچراپ ھالاك
بولىدۇ؛ تەۋرات قانۇنىنى بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ سادىر قىلغانلارنىڭ
ھەربىرى بۇ قانۇن بويىچە سوراقتا تارتىلىدۇ [13] (چۈنكى خۇدانىڭ ئالدىدا
قانۇننى ئاڭلىغانلار ئەمەس، بەلكى قانۇنغا ئەمەل قىلغۇچىلار ھەققانىي
ھېسابلىنىدۇ. [14] چۈنكى تەۋرات قانۇنىنى بىلمەيدىغان ئەللىكلەر
تەبىئىي ھالدا بۇ قانۇنغا ئۇيغۇن ئىشلارنى قىلسا، گەرچە بۇ قانۇندىن
خەۋەرسىز بولسىمۇ، تەۋرات قانۇنى ئۇلاردا كۆرۈنگەن بولىدۇ. [15] ئۇلارنىڭ
بۇ قىلغانلىرى ئۆز قەلبلىرىگە قانۇن تەلەپلىرىنىڭ پۈتۈكلۈك
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ ۋىجدانلىرىمۇ
ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، ئوي-پىكىرلىرى ئۆزىنى
ئەيىبلەيدۇ ياكى ئۆزىنى ئاقلايدۇ) [16] — مەن يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان بۇ

---

**9:2 «يەھۇدىيلارغا، ئاندىن گرېكلەرگە...»** — «گرېكلەر» (ياكى «يۇنانلىقلار») يەردە ۋە 10-ئايەتتە بارلىق يەھۇدىي ئەمەس ئەللىلەر ۋە مىللەتلەرگە ۋەكىل كېلىدۇ.

**11:2** قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1.

**12:2 «تەۋرات قانۇنى»** — ياكى پەقەت «قانۇن» ياكى «مۇقەددەس قانۇن»، مۇشۇ يەردە ۋە تۆۋەندىكى بارلىق ئايەتلەردە خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قانۇننى كۆرسىتىدۇ. بۇ قانۇن مۇقەددەس كىتابنىڭ ئاۋۋالقى بەش قىسمىنى تەشكىل قىلغان؛ شۇڭا يەھۇدىي خەلقى بەزىدە مۇشۇ بەش قىسمىنى «قانۇن-يولىيورۇق» (ئىبرانىي تىلىدا «توراھ») دەپ ئاتايدۇ. ئەرەب تىلىدىكى «تەۋرات» مۇشۇ سۆزدىن چىققان.
—ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا «مۇقەددەس قانۇننى بىلمىگەنلەر» يەھۇدىي ئەمەسلەر («يات ئەللەر»)نى كۆرسىتىدۇ، «مۇقەددەس قانۇننى بىلگەنلەر» يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ.
— —«تەۋرات» ۋە «تەۋرات قانۇنى» توغرۇلۇق «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**13:2** مات. 21:7؛ ياق. 22:1؛ 1يۇھ. 7:3.

خۇش خەۋەرگە ئاساسەن خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن ساقلانغان سىرلىرىنى سوراق قىلىدىغان كۈنىدە، يۈرەكلىرىدە پۈتۈلگەن يېزىقنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلىپ تۇرغانلىقى كۆرۈنىدۇ.

## يەھۇدىيلار ۋە تەۋرات قانۇنى

[17] سەنچۇ، ئەگەر ئۆزۈڭنى يەھۇدىي دەپ ئاتاپ، تەۋرات قانۇنىغا ئۈمىد باغلاپ، خۇداغا تەۋەمەن دەپ ماختانساڭ، [18] قانۇنىدىن ئۆگىنىپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بىلىپ، ئېسىل بىلەن پەسنى پەرق ئەتكەن بولساڭ، [19-20] تەۋرات قانۇنىدىن بىلىم ۋە ھەقىقەتنىڭ جەۋھىرىگە ئىگە بولدۇم دەپ قاراپ، ئۆزۈڭنى كورلارغا يول باشلىغۇچى، قاراڭغۇدا قالغانلارغا ماياك، نادانلارغا ئۆگەتكۈچى، گۈدەكلەرگە ئۇستاز دەپ ئىشەنگەن بولساڭ — [21] ئەمدى سەن باشقىلارغا تەلىم بېرىسەنۇ، ئۆزۈڭگە بەرمەمسەن؟ ئوغرىلىق قىلماڭلار دەپ ۋەز ئېيتىسەنۇ، ئۆزۈڭ ئوغرىلىق قىلامسەن؟ [22] «زىنا قىلماڭلار» — دەپ ۋەز ئېيتىيسەنۇ، ئۆزۈڭ زىنا قىلامسەن؟ بۇتلاردىن نەپرەتلىنىسەنۇ، ئۆزۈڭ بۇتخانىلاردىكى نەرسىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلامسەن؟ [23] تەۋرات قانۇنى بىلەن ماختىنىسەنۇ، ئۆزۈڭ شۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، خۇداغا داغ كەلتۈرەمسەن؟! [24] خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك: «سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ نامى تائىپىلەر ئارىسىدا كۇپۇرلۇققا ئۇچرىماقتا».

[25] تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلساڭ، خەتنە قىلىنغىنىڭنىڭ ئەھمىيىتى

---

16:2 **«يۈرەكلىرىدە پۈتۈلگەن يېزىقنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلىپ تۇرغانلىقى كۆرۈنىدۇ»** — «يۈرەكلىرىدە پۈتۈلگەن يېزىق» 6-12 ئايەتلەردە ئېيتىلغان ئىشلارنى، دېمەك خۇدانىڭ سوراق قىلىدىغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

**16:2** مات. 31:25.

17:2 **«خۇداغا تەۋەمەن دەپ ماختانساڭ...»** — گرېك تىلىدا «خۇدادا ماختانساڭ...».

**17:2** رىم. 4:9.

24:2 **«سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ نامى تائىپىلەر ئارىسىدا كۇپۇرلۇققا ئۇچرىماقتا»** — «يەش.» 5:52.

**24:2** يەش. 5:52؛ ئەز. 2:36.

**بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلساڭ، خەتنە قىلىنغىنىڭ خەتنە قىلىنمىغاندەك ھېسابلىنىدۇ. [26] ئەمدى خەتنىسىزلەر قانۇننىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلسا، گەرچە خەتنىسىز بولسىمۇ، خۇدا تەرىپىدىن خەتنىلىك ھېسابلانمامدۇ؟ [27] تەۋرات قانۇن دەستۇرىدىن خەۋەردار ۋە خەتنىلىك تۇرۇقلۇق قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى، ئى يەھۇدىي، قانۇنغا ئەمەل قىلىدىغان جىسمانىي خەتنىسىزلەر تەرىپىدىن سېنىڭ گۇناھىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىۋاتمامدۇ؟ [28] چۈنكى سىرتقى كۆرۈنۈشى يەھۇدىي بولسىلا ئۇنى ھەقىقىي يەھۇدىي دېگىلى بولمايدۇ، سىرتقى جەھەتتىكى جىسمانىي خەتنىنىمۇ ھەقىقىي خەتنە دېگىلى بولمايدۇ، [29] روھىدا يەھۇدىي بولغىنى ھەقىقىي يەھۇدىيدۇر؛ ئۇنىڭ خەتنە قىلىنغىنى خەتنە قانۇن دەستۇرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قەلبىدە، روھتىندۇر. بۇنداق كىشىنىڭ تەرىپلىنىشى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدا تەرىپىدىن بولىدۇ.**

---

2:25 **«تەۋرات قانۇنغا ئەمەل قىلساڭ، خەتنە قىلىنغىنىڭنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلساڭ، خەتنە قىلىنغىنىڭ خەتنە قىلىنمىغاندەك ھېسابلىنىدۇ.»** — دېمىسەكمۇ، يەھۇدىيلار تەۋرات قانۇنى بويىچە خەتنە قىلىدۇ. خەتنىلىكنىڭ ئۆزى «مەن خۇدانىڭ ئادىمىمەن» دېگەنلىكنى ۋە «يەھۇدىي بولۇش»نىڭ سىمۋولى دەپ قارىلاتتى.

**2:28** يۇھ. 8:39؛ رىم. 9:7.

2:29 **«روھىدا يەھۇدىي بولغىنى ھەقىقىي يەھۇدىيدۇر؛ ئۇنىڭ خەتنە قىلىنغىنى خەتنە قانۇن دەستۇرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قەلبىدە، روھتىندۇر»** — «روھتىندۇر» بولسا، مۇقەددەس روھتىندۇر. بەزى ئالىملار «روھتىن»نى «روھتا» دەپ چۈشىنىدۇ، شۇنداقلا بۇنداق ئايەتنى «...خەتنە قەلبدە، روھتا،... دەستۇردىن ئەمەستۇر» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. خەتنە توغرۇلۇق «ئەزاكىيال»، «فىلىپپىلىقلارغا» ۋە «كولوسسىلىكلەرگە»دىكى «قوشۇمچە سۆز»لىرىمىزنى كۆرۈڭ. **«بۇنداق كىشىنىڭ تەرىپلىنىشى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدا تەرىپىدىن بولىدۇ»** — ئىبرانىي تىلدا «يەھۇدا» دېگەننىڭ ئەسلىي مەنىسى: «ماختاش»، «تەرىپلەش»، «تەرىپ» دېگەنلىكتۇر. شۇڭا ئايەتنىڭ تېگىدىكى مەنىسى: ««ھەقىقىي يەھۇدىي» بولۇش ئۈچۈن، ئۇ خۇدا تەرىپىدىن تەرىپلەنگەن («يەھۇدا») بولۇشى كېرەك

**2:29** قان. 10:16؛ يەر. 4:4؛ فىل. 3:2، 3؛ كول. 2:11.

**3** [1]ئۇنداقتا، يەھۇدىي بولغانلىقنىڭ يەھۇدىي ئەمەستىن نېمە
ئارتۇقچىلىقى بار؟ خەتنىلىك بولغانلىقنىڭ نېمە پايدىسى بار؟
[2]ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىن كۆپ ئارتۇقچىلىقى بار.
بىرىنچىدىن، خۇدانىڭ بېشارەتلىك سۆزلىرى يەھۇدىيلارغا ئامانەت
قىلىنغان. [3]ئەمدى گەرچە ئۇلاردىن بەزىلىرى ئىشەنچسىز چىققان
بولسىمۇ، بۇنىڭغا نېمە بولاتتى؟ ئۇلارنىڭ ئىشەنچسىزلىكى
خۇدانىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى يوققا چىقىرىۋېتەرمۇ؟ [4]ھەرگىز
ئۇنداق قىلمايدۇ! خۇدا راستچىل ھېسابلىنىپ، ھەممە ئادەم
يالغانچى ھېسابلانسۇن! خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدا ھەققىدە
يېزىلغىنىدەك: ــ

«سۆزلىگىنىڭدە ئادىل دەپ ئىسپاتلانغايسەن،
شىكايەتكە ئۇچرىغىنىڭدا غەلىبە قىلغايسەن».

---

**2:3** زەب. 19:147؛ رىم. 4:9.

3:3 **«ئەمدى گەرچە ئۇلاردىن بەزىلىرى ئىشەنچسىز چىققان بولسىمۇ، بۇنىڭغا نېمە بولاتتى؟ ئۇلارنىڭ ئىشەنچسىزلىكى خۇدانىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى يوققا چىقىرىۋېتەرمۇ؟»** ــ پاۋلۇس بەلكىم خۇدانىڭ ئىسرائىلغا قىلغان ئەھدە-ۋەدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. خۇدا: «سىلەر مېنىڭ خەلقىم بولىسىلەر» دەپ ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، بەزى يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ خەلقى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، بۇ قىلمىشلىرى خۇدانىڭ ۋەدىسىنى يوققا چىقىرىۋېتەمدۇ؟

**3:3** چۆل. 19:23؛ رىم. 6:9؛ 2تىم. 13:2.

4:3 **«سۆزلىگىنىڭدە ئادىل دەپ ئىسپاتلانغايسەن، شىكايەتكە ئۇچرىغىنىڭدا غەلىبە قىلغايسەن»** ــ «زەب.» 4:51. «شىكايەتكە ئۇچرىغىنىڭدا غەلىبە قىلغايسەن» دېگەنىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھۆكۈم چىقارغىنىڭدا غەلىبە قىلغايسەن». زەبۇردىكى بۇ كۈيدە داۋۇت پەيغەمبەر ئېغىر گۇناھىنى خۇدا ۋە خەلق ئالدىدا ئىقرار قىلىدۇ؛ ئۇ بۇ سۆزلەرنى، خۇدا مېنى جازالىغاندا، خەلق بېشىمغا چۈشىدىغان كۈلپەتنىڭ خۇدادىن ئادىل جازاسىنى بىلسۇن دەپ ئېيتىدۇ. گۇناھىنى ئوچۇق ئىقرار قىلمىغان بولسا بەلكىم خەلق: «نېمىشقا سۆيۈملۈك داۋۇت پادىشاھىمىز كۈلپەتكە ئۇچرىغاندۇ، خۇدا ئۇنىڭغا ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلغانمىدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ دېگىنى پاۋلۇسنىڭ دېگىنىگە ئوپمۇ-ئوخشاش؛ خۇدا ھەقتۇر ھەم ئالەم ئالدىدا ئۇنىڭ ھەقلىقى ئىسپاتلانسۇن؛ ئۇنىڭ ھەر ئىشتىكى دۇرۇسلۇقى ئىسپاتلانسۇن (ۋە ئىسپاتلىنىدۇ!)، خاتالىق ياكى يالغانچىلىقنىڭ بولسا بىزدىلا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسۇن (ۋە ئىسپاتلىنىدۇ!).

**4:3** زەب. 4:51؛ 11:116؛ يۇھ. 33:3.

[5] لېكىن بىزنىڭ ھەققانىيسىزلىقىمىز ئارقىلىق خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى
تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلسە، بۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟ ھەققانىيسىزلىق
ئۈستىگە غەزەپ تۆكىدىغان خۇدانى ھەققانىي ئەمەس دەيمىزمۇ (مەن
ئىنسانچە سۆزلەيمەن)؟ [6] مۇنداق دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ! ئەگەر
ئۇنداق بولسا، خۇدا ئالەمنى قانداق سوراققا تارتىدۇ؟
[7] بەزىلەر يەنە: «مېنىڭ يالغانچىلىقىمدىن خۇدانىڭ ھەقىقەتلىكى
تېخىمۇ ئوچۇق قىلىنسا، شۇنداقلا ئۇلۇغلۇقى تېخىمۇ يورۇتۇلسا،
ئەمدى مەن يەنە نېمە ئۈچۈن گۇناھكار دەپ قارىلىپ سوراققا
تارتىلىمەن؟» [8] ئۇنداق بولغاندا نېمىشقا (بەزىلەر
بىزگە تۆھمەت چاپلىماقچى بولۇپ، گەپلىرىمىزنى بۇرىۋەتكەندەك)
«يامانلىق قىلايلى، بۇنىڭدىن ياخشىلىق چىقىپ قالار» ـ دېيىشكە
بولمايدۇ؟ بۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ جازالىنىشى ھەقلىقتۇر!

## ھەققانىي ئادەم يوقتۇر

[9] ئەمدى نېمە دېيىش كېرەك؟ بىز يەھۇدىيلار يەھۇدىي ئەمەسلەردىن
ئۈستۈن تۇرامدۇق؟ ياق، ھەرگىز! چۈنكى بىز يۇقىرىدا يەھۇدىيلار
بولسۇن، گرېكلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ گۇناھنىڭ ئىلكىدە
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئەيىبلىدۇق.

---

5:3 **«مەن ئىنسانچە سۆزلەيمەن!»** ـ دېمەك، پەقەت ئىسانىنىڭ كۆز-قارىشى بويىچە سۆزلەيمەن. بۇ ئىباردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ھەرقانداق ئادەم توۋا قىلمىسا، گۇناھى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى تۇمانلىشىپ كېتىدۇ، ئۆزى ئېلىشىپ قالىدۇ.
7:3 **«مېنىڭ يالغانچىلىقىم ئارقىلىق خۇدانىڭ ھەقىقەتى تېخىمۇ ئوچۇق قىلىنىدۇ...»** ـ خۇدا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ بەزىلىرى ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقى، ھەتتا مەسىلەن ئۆز مەسىھىگە ساتقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق كۆپ بېشارەت بەرگەنىدى. شۇڭا «مېنىڭ يالغانچىلىقىم» خۇدانىڭ توغرا ئېيتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.
9:3 **«يەھۇدىيلار بولسۇن، گرېكلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ گۇناھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئەيىبلىدۇق»** ـ «گرېكلار» مۇشۇ يەردە بارلىق «يەھۇدىي ئەمەسلەر»گە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
**9:3** گال. 22:3.

10 دەرۋەقە، مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك: ــ
«ھەققانىي ئادەم يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر،
11 يورۇتۇلغان كىشى يوقتۇر،
خۇدانى ئىزدىگىنىمۇ يوقتۇر.
12 ھەممە ئادەم يولدىن چەتنىدى،
ئۇلارنىڭ بارلىقى ئەرزىمەس بولۇپ چىقتى.
مېھرىبانلىق قىلغۇچى يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر.
13 ئۇلارنىڭ گېلى ئېچىلغان قەبرىدەك سېسىقتۇر،
تىللىرى كاززاپلىق قىلماقتا؛
كوبرا يىلاننىڭ زەھىرى لەۋلىرى ئاستىدا تۇرىدۇ؛ 14 ئۇلارنىڭ زۇۋانى
قارغاش ھەم زەردىگە تولغان.
15 «پۇتلىرى قان تۆكۈشكە ئالدىرايدۇ؛
16 بارغانلا يېرىدە ۋەيرانچىلىق ۋە پاجىئەلىك ئىشلار باردۇر.
17 تىنچلىق-ئاراملىق يولىنى ئۇلار ھېچ تونۇغان ئەمەس».

---

**10:3** زەب. 3:14؛ 3:53

**12:3** «ھەققانىي ئادەم يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر، ... ھەممە ئادەم يولدىن چەتنىدى، ئۇلارنىڭ بارلىقى ئەرزىمەس بولۇپ چىقتى. مېھرىبانلىق قىلغۇچى يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر» ــ (10-13-ئايەت) «زەب.» 14:1-3 (يەنە 53:1-3)؛ «توپ.» 20:7.

**12:3** زەب. 14:1-3؛ 53:1-3؛ توپ. 20:7

**13:3** «ئۇلارنىڭ گېلى ئېچىلغان قەبرىدەك سېسىقتۇر، تىللىرى كاززاپلىق قىلماقتا؛ كوبرا يىلاننىڭ زەھىرى لەۋلىرى ئاستىدا تۇرىدۇ» ــ «زەب.» 5:9 ۋە 140:3.

**13:3** زەب. 5:9؛ 140:4.

**14:3** «ئۇلارنىڭ زۇۋانى قارغاش ھەم زەردىگە تولغان» ــ «زەب.» 10:7.

**14:3** زەب. 10:7

**15:3** پەند. 1:16؛ يەش. 59:7.

**17:3** «پۇتلىرى قان تۆكۈشكە ئالدىرايدۇ؛ بارغانلا يېرىدە ۋەيرانچىلىق ۋە پاجىئەلىك ئىشلار باردۇر. تىنچلىق-ئاراملىق يولىنى ئۇلار ھېچ تونۇغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خۇدادىن قورقىدىغان ئىش يوقتۇر» ــ (15-17-ئايەت) «يەش.» 59:7-8.

**17:3** يەش. 59:7، 8

[18] «ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خۇدادىن قورقىدىغان ئىش يوقتۇر».
[19] تەۋراتتىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ تەۋرات قانۇنى ئاستىدا ياشايدىغانلارغا قارىتا ئېيتىلغانلىقى بىزگە ئايان. بۇلارنىڭ مەقسىتى، ھەر ئىنساننىڭ ئاغزى باھانە كۆرسىتەلمەي تۇۋاقلىنىپ، پۈتكۈل دۇنيادىكىلەر خۇدانىڭ سورىقىدا ئەيىبكار ئىكەن دەپ ئايان قىلىنىسۇن، دېگەنلىكتۇر. [20] شۇڭا، ھېچقانداق ئەت ئىگىسى تەۋرات-قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشلىرى بىلەن خۇدانىڭ ئالدىدا ھەققانىي ھېسابلانمايدۇ؛ چۈنكى تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق ئىنسان ئۆز گۇناھىنى تونۇپ يېتىدۇ.

## خۇدانىڭ ئىنساننى ھەققانىي قىلىشى

[21] بىراق، ھازىر قانۇن يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆزىدىن كەلگەن بىرخىل ھەققانىيلىق ئاشكارىلاندى! بۇ خىل ھەققانىيلىققا قانۇننىڭ ئۆزى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىمۇ گۇۋاھلىق بەرگەندۇر؛ [22] يەنى، خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىشەنچ-ساداقەتلىكى ئارقىلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچىگە ھەم ئۈستىگە يەتكۈزىدىغان ھەققانىيلىقىدۇر! بۇ ئىشتا ئايرىمچىلىق يوقتۇر

18:3 «ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خۇدادىن قورقىدىغان ئىش يوقتۇر» ــ «زەب.» 1:36.

18:3 زەب. 1:36

19:3 «تەۋرات قانۇنى ئاستىدا ياشايدىغانلار» ــ يەھۇدىي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. «تەۋراتتىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ تەۋرات قانۇنى ئاستىدا ياشايدىغانلارغا قارىتا ئېيتىلغانلىقى بىزگە ئايان. بۇلارنىڭ مەقسىتى، ھەر ئىنساننىڭ ئاغزى باھانە كۆرسىتەلمەي تۇۋاقلىنىپ، پۈتكۈل دۇنيادىكىلەر خۇدانىڭ سورىقىدا ئەيىبكار ئىكەن دەپ ئايان قىلىنىسۇن» ــ «تەۋراتتىكى بارلىق سۆزلەر» مۇشۇ يەردە بەلكىم يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن، بارلىق ئىنساننىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان (تەۋراتتىكى) ئايەتلەرنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

20:3 رىم. 7:7؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 18:7.

21:3 رىم. 17:1؛ فىل. 9:3.

22:3 «مەسىھنىڭ ئىشەنچ-ساداقەتلىكى ئارقىلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلار...» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەيسا مەسىھكە باغلىغان ئېتىقادى ئارقىلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلار...».

23 (چۈنكى بارلىق ئىنسانلار گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە
يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى) 24 چۈنكى ئېتىقادچىلارنىڭ
ھەممىسى مەسىھ ئەيسادا بولغان نىجات-ھۆرلۈك ئارقىلىق، خۇدانىڭ
مېھىر-شەپقىتى بىلەن بەدەلسىز ھەققانىي قىلىنىدۇ.
25 خۇدا ئۇنى گۇناھلارنىڭ جازاسىنى كۆتۈرگۈچى كەفارەت قۇربانلىقى
سۈپىتىدە تەيىنلىدى؛ ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ قۇربانلىق قېنىغا ئىشەنچ
باغلىشى بىلەن قۇربانلىق ئىناۋەتلىكتۇر. خۇدا بۇ ئارقىلىق بۇرۇنقى
زاماندىكىلەرنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا سەۋر-تاقەتلىك
بولۇپ، جازالىماي ئۆتكۈزۈۋېتىشىنىڭ ئادىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرس
ەتتى. 26 بۇنىڭغا ئوخشاش بۇ قۇربانلىق ئارقىلىق ئۇ ھازىرقى زاماندا

---

گرېك تىلىدا «ئىشەنچ، ئېتىقاد» ۋە «ساداقەتلىك، ئىشەنچلىك» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

23:3 **«چۈنكى بارلىق ئىنسانلار گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى»** ــ بۇنىڭ ئىككى تەرىپى بار؛ (1) خۇدا ئەسلىدە ئادەمنى «ئۆز سۈرىتى بويىچە»، يەنى «ئۆز شان-شەرىپى بولۇشى ئۈچۈن» ياراتقانىدى. گۇناھ سادىر قىلغىنىدا ئىنسان بۇ شان-شەرەپكە يېتەلمىدى، شۇڭلاشقا خۇداغا ۋەكىل بولۇشتىكى ئىمتىيازدىن مەھرۇم بولدى. (2) گۇناھى تۈپەيلىدىن ئىنسان خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا ئۇنىڭ شان-شەرىپىنى كۆرەلمەيدىغان بولدى

24:3 **«مەسىھ ئەيسادا بولغان نىجات-ھۆرلۈك ئارقىلىق...»** ــ ياكى «مەسىھ ئەيسانىڭ گۇناھتىن ھۆر قىلىش خىزمىتى ئارقىلىق...».

**24:3** يەش. 5:53.

25:3 **«گۇناھلارنىڭ جازاسىنى كۆتۈرگۈچى كەفارەت قۇربانلىقى»** ــ گرېك تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «كەفارەت» توغرۇلۇق «مىس.» 33:29 ۋە ئىزاھاتى، شۇنداقلا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ. **«خۇدا ئۇنى گۇناھلارنىڭ جازاسىنى كۆتۈرگۈچى كەفارەت قۇربانلىقى سۈپىتىدە تەيىنلىدى؛ ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ قۇربانلىق قېنىغا ئىشەنچ باغلىشى بىلەن قۇربانلىق ئىناۋەتلىكتۇر. خۇدا بۇ ئارقىلىق بۇرۇنقى زاماندىكىلەرنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ، جازالىماي ئۆتكۈزۈۋېتىشىنىڭ ئادىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى»** ــ بۇ تولۇق ئايەت ئىنتايىن مۇھىم. خۇدا بۇرۇنقى زاماندىكى توۋا قىلغان ئېتىقادچى كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى جازالىماي كەچۈرۇم قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى مەسىھنىڭ كەلگۈسى زاماندا قۇربانلىق بولۇپ، شۇ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرىدىغانلىقىغا ئاساسلانغانىدى، شۇڭلاشقا پۈتۈنلەي ئادىللىق ئىدى. «گۇناھلارغا ... ئۆتكۈزۈۋېتىش» دىگەن ئىبارە بەلكىم بۇرۇنقى دەۋردىكى **بارلىق گۇناھلارنىمۇ** ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بىراق خۇدا بۇ گۇناھلارنى جازالىماي ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ، خەقلەر توۋا قىلمىسا بەرىبىر ئاخىر بېرىپ ئۆزلىرى جازالىرىنى تارتىدۇ. ھازىرقى زاماندىمۇ شۇنداق.

**25:3** مىس. 17:25؛ 2كور. 19:5؛ كول. 20:1؛ ئىبر. 16:4؛ 1يۇھ. 10:4.

**بولغان ھەققانىيلىقىنىمۇ كۆرسەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ**
**ھەم ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ھەم ئەيسانىڭ ئېتىقادىدا بولغۇچىنى**
**ھەققانىي قىلغۇچى ئىكەنلىكىنىمۇ نامايان قىلدى.**
**[27] ئۇنداق بولسا، ئىنساننىڭ نېمە ماختانغۇچىلىكى بار؟ ماختىنىش**
**يوق قىلىندى!**
**نېمە پرىنسىپقا ئاساسەن؟ قانۇنغا ئىنتىلىش پرىنسىپى بىلەنمۇ؟**
**ياق! «ئېتىقاد» پرىنسىپى بىلەن!**
**[28] چۈنكى «ئىنسان تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشلىرى**
**بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد بىلەن ھەققانىي قىلىنىدۇ» دەپ ھې**
**سابلايمىز! [29] ئەجەبا، خۇدا پەقەتلا يەھۇدىيلارنىڭلا خۇداسىمۇ؟ ئۇ**
**ئەللەرنىڭمۇ خۇداسى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق، ئۇ ئەللەرنىڭمۇ خۇداسىدۇر.**
**[30] خۇدا بولسا بىردۇر، ئۇ خەتنە قىلىنغانلارنى ئېتىقاد بىلەن ھەمدە**
**خەتنە قىلىنمىغانلارنىمۇ ئېتىقاد بىلەن ھەققانىي قىلىدۇ. [31] ئەمدى**
**ئېتىقاد پرىنسىپى بىلەن تەۋرات قانۇنىنى بىكار قىلىۋېتىمىزمۇ؟**
**ياق، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىمىز.**

---

26:3 **«شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ ھەم ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ھەم ئەيسانىڭ ئېتىقادىدا بولغۇچىنى ھەققانىي قىلغۇچى ئىكەنلىكىنىمۇ نامايان قىلدى»** — مەسىھ ئەيسا ھەر زاماندىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممە گۇناھىنىڭ تېگىشلىك جازاسى (خۇدانىڭ گۇناھ ئۈستىگە چۈشۈرىدىغان غەزىپى)نى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن خۇدا تولىمۇ ھەققانىيلىق بىلەن توۋا قىلغان كىشىلەرنى كەچۈرۈم قىلىپ ئۇلارنى ھەققانىي قىلغۇچى بولىدۇ.

28:3 **«تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشلىرى بىلەن ئەمەس...»** — مۇ ئىبارە گرېك تىلىدا ئىنتايىن قىسقارتىلىپ: «قانۇندىكى ئەمەللەر بىلەن ئەمەس...» ياكى «قانۇنغا قارىتىلغان ئەمەللەر بىلەن ئەمەس...» ياكى «قانۇندىن چىققان ئەمەللەر بىلەن ئەمەس...» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىبارە «رىم.» 28:3، «گال.» 16:2، 2:3، 5، 10دىمۇ تېپىلىدۇ. ئىنساننىڭ بارلىق «تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشلىرى» ئۆزىنىڭ گۇناھقا پاتقان بىر گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس.

**28:3** روس. 38:13؛ رىم. 3:8؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 25:7.

30:3 **«خۇدا بولسا بىردۇر، ئۇ خەتنە قىلىنغانلارنى ئېتىقاد بىلەن ھەمدە خەتنە قىلىنمىغانلارنىمۇ ئېتىقاد بىلەن ھەققانىي قىلىدۇ»** — بۇ ئايەتتىكى «خەتنە قىلىنغانلار» يەھۇدىيلارنى، «خەتنە قىلىنمىغانلار» بارلىق يەھۇدىي ئەمەسلەرنى بىلدۈرىدۇ.

## ئىبراھىمنىڭ ئېتىقاد بىلەن ھەققانىي دەپ ھېسابلىنىشى، بىزگە بىر ئۆلگىدۇر

4 [1]ئۇنداقتا، بىز يەھۇدىيلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئاتىمىز
ئىبراھىمنىڭ ئېرىشكىنى توغرىسىدا نېمە دەيمىز؟ [2]ئەگەر
ئىبراھىم ئەمەللىرى بىلەن ھەققانىي دەپ جاكارلانغان بولسا،
ئۇنىڭدا ماختانغۇدەك ئىش بولاتتى (بەرىبىر خۇدانىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ
ماختىنىش ھەققى يوق ئىدى). [3]چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا نېمە
دېيىلگەن؟ ــ
«ئىبراھىم خۇداغا ئېتىقاد قىلدى؛
بۇ ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى ھېسابلاندى» دېيىلىدۇ.
[4]ئىشلىگۈچىگە بېرىلىدىغان ھەق «مېھىر-شەپقەت»
ھېسابلانمايدۇ، بەلكى بىرخىل «قەرز قايتۇرۇش» ھېسابلىنىدۇ.
[5]بىراق، ھېچ ئىش-ئەمەل قىلماي، پەقەت نومۇسسىز گۇناھكارلارنى
ھەققانىي قىلغۇچى خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىنىڭ بولسا،
ئۇنىڭ ئېتىقادى ھەققانىيلىق دەپ ھېسابلىنىدۇ! [6]خۇدا قىلغان
ئەمەللىرىگە قارىماي، ھەققانىي دەپ ھېسابلىغان كىشىنىڭ بەختى
توغرۇلۇق داۋۇت پەيغەمبەرمۇ مۇنداق دېگەن: ــ
[7]«ئىتائەتسىزلىكلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان،

1:4 **«ئاتىمىز ئىبراھىمنىڭ ئېرىشكىنى..»** ــ ياكى «ئاتىمىز ئىبراھىمنىڭ ئۆگەنگىنى..»، «ئاتىمىز ئىبراھىمنىڭ بىلگىنى..».

**1:4** يەش. 2:51.

3:4 **«ئىبراھىم خۇداغا ئېتىقاد قىلدى؛ بۇ ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى ھېسابلاندى»** ــ «يار.» 6:15.

**3:4** يار. 6:15؛ گال. 6:3؛ ياق. 23:2.

5:4 **«بىراق، ھېچ ئىش-ئەمەل قىلماي، پەقەت نومۇسسىز گۇناھكارلارنى ھەققانىي قىلغۇچى خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىنىڭ بولسا، ئۇنىڭ ئېتىقادى ھەققانىيلىق دەپ ھېسابلىنىدۇ!»** ــ «ھېچ ئەمەل قىلماي» دېگىنى، ھەققانىيلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش جەھەتتىن ئېيتىلىدۇ، «ئادەملەر جان بېقىش ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك ئەمەس» دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

**گۇناھلىرى يېپىلغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىكتۇر!**
**8 پەرۋەردىگار گۇناھلىرى بىلەن ھېچ ھېسابلاشمايدىغانلار**
**نېمىدېگەن بەختلىكتۇر!».**
**9 ئەمدى بەخت يالغۇز خەتنە قىلىنغانلارغىلا مەنسۇپ بولامدۇ، ياكى**
**خەتنە قىلىنمىغانلارغىمۇ مەنسۇپ بولامدۇ؟ چۈنكى: «ئىبراھىمنىڭ**
**ئېتىقادى ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى دەپ ھېسابلاندى» دەۋاتىمىز.**
**10 ھەققانىيلىق قانداق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ھېسابلاندى؟ خەتنە**
**قىلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ ياكى خەتنە قىلىنىشتىن كېيىنمۇ؟ ئۇ**
**خەتنە قىلىنغان ھالدا ئەمەس، بەلكى خەتنە قىلىنمىغان ھالدا**
**ھېسابلاندى! 11 ئۇنىڭ خەتنىنى قوبۇل قىلغىنى بولسا، ئۇنى خەتنە**
**قىلىنىشتىن بۇرۇنلا ئېتىقادى ئارقىلىق ئىگە بولغان ھەققانىيلىققا**
**مۆھۈر بەلگىسى سۈپىتىدە بولغانىدى. دېمەك، ئۇ خەتنىسىز تۇرۇپ**
**خۇداغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاتىسى بولدى ــ**
**ئۇلارمۇ ئېتىقادى بىلەن ھەققانىي ھېسابلىنىدۇ!**
**12 ئۇ يەنە خەتنە قىلىنغانلارنىڭمۇ ئاتىسىدۇر؛ دېمەك، خەتنە**
**قىلىنغان بولۇشى بىلەن تەڭلا خەتنە قىلىنمىغان ۋاقتىدىمۇ**
**ئېتىقادلىق يول ماڭغان ئاتىمىز ئىبراھىمنىڭ ئىزلىرىنى بېسىپ**
**ماڭغانلارنىڭمۇ ئاتىسى بولغاندۇر.**

---

**7:4 «... نېمىدېگەن بەختلىكتۇر!»** ــ زەبۇر 32:1دە سۆزمۇسۆز: ««ئاھ، ئىتائەتسىزلىكلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان، گۇناھلىرى يېپىلغان كىشىنىڭ بەختلىكلىرى!» دېيىلىدۇ. بۇ بەختلىكلەر بىر-بىرلەپ شۇ يەردە تەسۋىرلىنىدۇ.

**7:4** زەب. 1:32

**8:4 «ئىتائەتسىزلىكلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان، گۇناھلىرى يېپىلغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىكتۇر!پەرۋەردىگار گۇناھلىرى بىلەن ھېچ ھېسابلاشمايدىغانلار نېمىدېگەن بەختلىكتۇر!»** ــ (7-8-ئايەت) «زەب.» 32:1-2.

**8:4** زەب. 32:1، 2

**9:4 «ئىبراھىمنىڭ ئېتىقادى ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى دەپ ھېسابلاندى»** ــ «يار.» 15:6.

**9:4** يار. 15:6

**11:4** يار. 17:11.

[13]چۈنكى خۇدانىڭ ئىبراھىمغا ۋە نەسلىگە دۇنياغا مىراسخور بولۇش توغرىسىدىكى ۋەدە بېرىشى ئىبراھىمنىڭ تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلگىنىدىن ئەمەس، بەلكى ئېتىقادتىن بولغان ھەققانىيلىقتىن كەلگەن. [14]چۈنكى ئەگەر قانۇنغا ئىنتىلىدىغانلار مىراسخور بولىدىغان بولسا ئېتىقاد بىكار نەرسە بولۇپ قالاتتى، خۇدانىڭ ۋەدىسىمۇ يوققا چىقىرىلغان بولاتتى. [15]چۈنكى تەۋرات قانۇنى خۇدانىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ چۈنكى قانۇن بولمىسا، ئىتائەتسىزلىك دېگەن ئىشمۇ بولمايدۇ.
[16-17]شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدانىڭ ۋەدىسىنىڭ پەقەت ئۆز مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇ ئېتىقادقىلا ئاساسلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەدە ئىبراھىمنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرىغا، پەقەت تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇرىدىغانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئىبراھىمچە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ كاپالەتلىك قىلىنغان. چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا: «سېنى نۇرغۇن قوۋمنىڭ ئاتىسى قىلدىم» دەپ يېزىلغىنىدەك، ئىبراھىم ھەممىمىزنىڭ ئاتىسىدۇر. دەرھەقىقەت، ئۇ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، مەۋجۇت بولمىغاننى بار دەپ مەۋجۇت قىلىدىغان، ئۆزى ئېتىقاد باغلىغان خۇدا ئالدىدا ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى بولدى. [18]ھېچقانداق ئۈمىد قالمىسىمۇ ئۇ يەنىلا ئۈمىدتە ئېتىقاد قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: «سېنىڭ

---

**14:4** گال. 18:3.

**15:4 «تەۋرات قانۇنى خۇدانىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كېلىدۇ»** — ئادەم خۇدانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلالمىغاچقا، قانۇن ئۇنىڭ گۇناھىنى نامايان قىلىدۇ؛ نامايان قىلىنىشى بىلەن خۇدانىڭ غەزىپى ئۇنىڭ گۇناھى ئۈستىگە چۈشىدۇ.

**15:4** يۇھ. 22:15؛ رىم. 20:5؛ 8:7؛ گال. 19:3.

**16:4-17 «تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇرىدىغانلار»** — يەھۇدىي خەلق. **«سېنى نۇرغۇن قوۋمنىڭ ئاتىسى قىلدىم»** — («يار.» 5:17). خۇدانىڭ ئىبراھىمغا ئېيتقان بۇ سۆزى «ئۆتكەن زامان» شەكلىدە («**قىلدىم**») بولۇپ، ھېچ پەرزەنتسىز بولغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئېيتىلغان. بۇ كېيىنكى ئايەتلەر بىلەن زىچ باغلىقتۇر.

**16:4-17** يەش. 2:51؛ يار. 5:17.

نەسلىڭ سان-ساناقسىز بولىدۇ» دەپ ئالدىن ئېيتىلغاندەك نۇرغۇن قوۋمنىڭ ئاتىسى بولدى. [19] ئۇ يۈز ياشقا يېقىنلاپ، تېنىنى ئۆلگەن ھېسابلىسىمۇ، شۇنداقلا ئايالى ساراھنىڭمۇ بالىياتقۇسىنى ئۆلدى دەپ قارىسىمۇ، يەنىلا ئېتىقادتا ئاجىزلاشمىدى؛ [20] خۇدانىڭ ۋەدىسىگە نىسبەتەن ئېتىقادسىزلىق قىلىپ ھېچ ئىككىلەنمىدى، ئەكسىچە ئۇ ئېتىقادى ئارقىلىق كۈچەيتىلدى ۋە خۇدانى ئۇلۇغلىدى، [21] «ئۇ نېمىنى ۋەدە قىلغان بولسا شۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگىدۇر» دەپ تولۇق ئىشەندۇرۇلدى. [22] شۇنىڭ بىلەن بۇ «ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى ھېسابلاندى». [23-25] بۇ، «ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى ھېسابلاندى» دېگەن سۆز يالغۇز ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى رەببىمىز ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۇرگەن خۇداغا ئېتىقاد قىلىشىمىز بىلەن ھەققانىي ھېسابلىنىدىغان بىزلەر ئۈچۈنمۇ يېزىلغان؛ مەسىھ بولسا ئىتائەتسىزلىكلىرىمىز ئۈچۈن پىدا يولىغا تاپشۇرۇلدى ۋە ھەققانىي قىلىنىشىمىز ئۈچۈن تىرىلدۇرۇلدى.

---

4:18 **«سېنىڭ نەسلىڭ سان-ساناقسىز بولىدۇ»** ــ «يار.» 15:5.

**4:18** يار. 15:5؛ ئىبر. 11:12.

4:19 **«ئۇ يۈز ياشقا يېقىنلاپ، تېنىنى ئۆلگەن ھېسابلىسىمۇ، شۇنداقلا ئايالى ساراھنىڭمۇ بالىياتقۇسىنى ئۆلدى دەپ قارىسىمۇ...»** ــ دېمەك، ئۇ ئۆز تېنىنىڭ ئۆلۈكتەك بولغان ئەھۋالىغا ۋە ساراھنىڭ قەتئىي تۇغماسلىقىغا تولىمۇ رېئاللىق ۋە ئېغىربېسىقلىق بىلەن قارايتتى، بىراق بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئېتىقادىغا ھېچ تەسىر يەتكۈزمىدى.

**4:20** يۇھ. 8:56؛ ئىبر. 11:11، 18.

**4:21** زەب. 115:3.

**4:22** يار. 15:6.

4:23-25 **«مەسىھ بولسا ئىتائەتسىزلىكلىرىمىز ئۈچۈن پىدا يولىغا تاپشۇرۇلدى ۋە ھەققانىي قىلىنىشىمىز ئۈچۈن تىرىلدۇرۇلدى»** ــ «پىدا يولىغا تاپشۇرۇلدى» دېگەن ئىبارە بولسا، ئۇ رەزىل ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن ئۆلۈمگە تاپشۇرۇلدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خۇدانىڭ ئۇلۇغ پىلانى ئىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ.

**4:23-25** رىم. 15:4.

## خۇدا بىلەن ئىناق ئۆتۈش

5 [1]شۇڭا ئېتىقاد بىلەن ھەققانىي قىلىنغان ئىكەنمىز، رەببىمىز
ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇدا بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە
بولىمىز. [2]ئۇ ئارقىلىق ئېتىقاد يولىدا بىزنى چىڭ تۇرغۇزىدىغان بۇ
مېھىر-شەپقىتىنىڭ ئىچىگە كىرىش ھوقۇقىغا مۇيەسسەر بولدۇق،
شۇنىڭدەك خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە باغلىغان ئۈمىدىمىزدىن شاد-
خۇرام بولىمىز. [3-4]شۇنداق بولۇپلا قالماي، مۇشكۈل ئەھۋاللار ئىچىدە
شادلىنىمىز؛ چۈنكى مۇشكۈللۈك سەۋرچانلىقنى، سەۋرچانلىق
چىدامىلىقنى، چىداملىق ئۈمىدنى ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ بىلىمىز.
[5]ۋە بۇ ئۈمىد بىزنى يەرگە قارىتىپ قويمايدۇ، چۈنكى بىزگە ئاتا
قىلىنغان مۇقەددەس روھ ئارقىلىق خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى
ئاللىبۇرۇن قەلبىمىزگە قۇيۇلۇپ ئېشىپ تاشتى.
[6]چۈنكى بىز پەقەت ئامالسىز قالغىنىمىزدا، مەسىھ بىز ئىخلاسسىزلار
ئۈچۈن خۇدا بېكىتكەن ۋاقىتتا ئۆزىنى پىدا قىلدى. [7]بىرسىنىڭ
ھەققانىي ئادەم ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشى ناھايىتى ئاز
ئۇچرايدىغان ئىش؛ بەزىدە ياخشى ئادەم ئۈچۈن بىرسى پىدا بولۇشقا
جۈرئەت قىلىشىمۇ مۇمكىن؛ [8]لېكىن خۇدا ئۆز مېھىر-مۇھەببىتىنى

---

**1:5** يەش. 17:32؛ يۇھ. 33:16؛ ئەف. 13:2.
**2:5** يۇھ. 9:10؛ 6:14؛ 1كور. 1:15؛ ئەف. 18:2؛ 12:3؛ ئىبر. 6:3؛ 19:10.
**3:5-4** **«مۇشكۈل ئەھۋاللار ئىچىدە شادلىنىمىز»** ــ ياكى «مۇشكۈل ئەھۋاللاردىن تەنتەنە قىلىمىز».
**3:5-4** ياق. 3:1.
**5:5** **«ۋە بۇ ئۈمىد بىزنى يەرگە قارىتىپ قويمايدۇ، چۈنكى بىزگە ئاتا قىلىنغان مۇقەددەس روھ ئارقىلىق خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئاللىبۇرۇن قەلبىمىزگە قۇيۇلۇپ ئېشىپ تاشتى»** ــ ئىنسانلارنىڭ خۇداغا باغلىغان ھەرقانداق ئۈمىدى، ئۇنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ بار-يوق ئىكەنلىكىگە زىچ باغلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر بىز «خۇدا بىزنى سۆيىدۇ» دەپ بىلسەك ھەمدە خۇدانىڭ مۇھەببىتى ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا پەيدا بولغان بولسا، ھەرقانداق زور ئۈمىدلەرمۇ بولىدۇ
**6:5** **«چۈنكى بىز پەقەت ئامالسىز قالغىنىمىزدا...»** ــ «ئامالسىز» ــ ئۆزىمىزنى گۇناھتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئامالسىز.
**6:5** ئەف. 2:1؛ كول. 13:2؛ ئىبر. 9:15؛ 1پېت. 18:3.

بىزگە شۇنىڭدا كۆرسىتىدۇكى، بىز تېخى گۇناھكار ۋاقتىمىزدا، مەسىھ بىز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى. [9] ھازىر بىز ئۇنىڭ قېنى بىلەن ھەققانىي قىلىنغان ئىكەنمىز، ئەمدى ئۇ ئارقىلىق كېلىدىغان غەزەپتىن قۇتۇلۇشىمىز تېخىمۇ جەزمەندۇر. [10] چۈنكى بۇرۇن خۇداغا دۈشمەن بولغان بولساقمۇ، ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق بىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئىناقلاشتۇرغان يەردە، ئۇنىڭ بىلەن ئىناقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمدى ئوغلىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق بىز تېخىمۇ قۇتۇلدۇرۇلمامدۇق؟! [11] بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ھازىر بىز رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇدا بىلەن ئىناقلاشتۇرۇلدۇق، ئۇ ئارقىلىقمۇ خۇدانىڭ ئۆزىدىن شادلىنىمىز.

## ئادەمئاتىدىن ئۆلۈم، مەسىھتىن ھاياتلىق ـ گۇناھنىڭ يىلتىزى

[12] شۇنىڭدەك، گۇناھنىڭ دۇنياغا كىرىشى بىرلا ئادەم ئارقىلىق بولدى، ئۆلۈمنىڭ دۇنياغا كىرىشى گۇناھ ئارقىلىق بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن گۇناھ ئارقىلىق ئۆلۈم ھەممە ئادەمگە تارقالدى؛ چۈنكى ھەممە ئادەم گۇناھ سادىر قىلدى [13] (چۈنكى تەۋرات قانۇنىدىن ئىلگىرىمۇ گۇناھ دۇنيادا بار ئىدى، ئەلۋەتتە؛ ھالبۇكى، قانۇن بولمىسا گۇناھنىڭ ھېسابى ئېلىنمايدۇ. [14] شۇنداقتىمۇ، ئۆلۈم ئادەمئاتا ۋاقتىدىن

---

**8:5** ئىبر. 9:15؛ 1پېت. 18:3.

9:5 **«ئەمدى ئۇ ئارقىلىق كېلىدىغان غەزەپتىن قۇتۇلۇشىمىز تېخىمۇ جەزمەندۇر»** ــ «كېلىدىغان غەزەپ» خۇدانىڭ گۇناھلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان غەزىپى.

10:5 **«چۈنكى بۇرۇن خۇداغا دۈشمەن بولغان بولساقمۇ، ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق بىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئىناقلاشتۇرغان يەردە، ئۇنىڭ بىلەن ئىناقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمدى ئوغلىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق بىز تېخىمۇ قۇتۇلدۇرۇلمامدۇق؟!»** ــ خۇدانىڭ نىجاتىدا «قۇتۇلۇش» پەقەت دوزاختىن قۇتۇلۇش ئەمەس، گۇناھنىڭ بارلىق ئاسارەتلىرىدىن ئازاد بولۇپ يېڭى ئەھمىيەتلىك ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

11:5 **«ئۇ ئارقىلىقمۇ خۇدانىڭ ئۆزىدىن شادلىنىمىز»** ــ «خۇدانىڭ ئۆزىدىن شادلىنىمىز» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل مەنىسى باركى، «خۇدانى قاتتىق داڭلايمىز».

12:5 **«شۇنىڭدەك، گۇناھنىڭ دۇنياغا كىرىشى بىرلا ئادەم ئارقىلىق بولدى»** ــ «بىرلا ئادەم ئارقىلىق» بولسا، ئادەمئاتىمىز ئارقىلىق، ئەلۋەتتە.

**12:5** يار. 17:2؛ 6:3؛ 1كور. 21:15.

مۇسا پەيغەمبەر ۋاقتىغىچە ئىنسانلارغىمۇ ھۆكۈم سۈردى؛ ئۇلار گەرچە ئادەمئاتىنىڭ سادىر قىلغان ئىتائەتسىزلىكىدەك گۇناھ سادىر قىلمىغان بولسىمۇ، بۇ ئىنسانلارمۇ ئۆلۈم ھۆكۈمىدىن خالىي بولمىدى).

ئادەمئاتىنىڭ ئۆزى ــ كېيىن كېلىدىغان مەسىھنىڭ بىر بېشارەتلىك ئۈلگىسىدۇر؛ [15] ھالبۇكى، خۇدانىڭ شاپائەتلىك سوۋغىتى ئادەمئاتىنىڭ ئىتائەتسىزلىكىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىدۇر. چۈنكى بىرلا ئادەمنىڭ ئىتائەتسىزلىكى بىلەن نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەن بولسا، ئەمدى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە شۇنىڭدەك بىرلا ئادەم، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق كەلگەن سوۋغات ئېشىپ-تېشىپ تۇرغاچقا، نۇرغۇن ئادەمگە يەتكۈزۈلۈپ تېخىمۇ زور نەتىجە ھاسىل قىلدى!

[16] شۇ شاپائەتلىك سوۋغاتنىڭ نەتىجىسى بولسا، شۇ بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنىڭ ئاقىۋىتىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بىر

---

14:5 **«... شۇنداقتىمۇ، ئۆلۈم ئادەمئاتا ۋاقتىدىن مۇسا پەيغەمبەر ۋاقتىغىچە ئىنسانلارغىمۇ ھۆكۈم سۈردى؛ ئۇلار گەرچە ئادەمئاتىنىڭ سادىر قىلغان ئىتائەتسىزلىكىدەك گۇناھ سادىر قىلمىغان بولسىمۇ، بۇ ئىنسانلارمۇ ئۆلۈم ھۆكۈمىدىن خالىي بولمىدى»** ــ روسۇلنىڭ گېپى بويىچە، گۇناھ پەقەت ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولغاندىلا ئاندىن گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەلۇم بولۇش ئىككى يول بىلەن بولىدۇ: ــ (1) خۇدانىڭ ئىنسانغا بىۋاستە ئېيتقان سۆزلىرى، قانۇنى ئارقىلىق؛ (2) ئىنساننىڭ ۋىجدانى ئارقىلىق. ئادەمئاتىمىز خۇدانىڭ بىۋاستە بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلدى. ئادەمئاتىمىز ۋاقتىدىن مۇسا پەيغەمبەر ۋاقتىغىچە، يەنى تەۋرات قانۇنى بېرىلگۈچە، ئىنسانلار خۇدادىن بىۋاستە كەلگەن بىرەر قانۇننى كۆرمىگەن. ھالبۇكى، شۇ دەۋرلەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. ئۇلاردا خۇدانىڭ ئوچۇق كۆرسەتكەن قانۇنى بولمىسىمۇ، پاۋلۇس يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، خۇدانىڭ قانۇنىدىكى ئەخلاقىي تەلەپلەر ئۆز قەلب-ۋىجدانلىرىدا مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ دەۋرلەردىكىلەر «ئادەمئاتىمىزنىڭ ئىتائەتسىزلىكى» (يەنى خۇدانىڭ بىۋاستە بىر ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان ئىتائەتسىزلىكى)دەك گۇناھ قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلار گۇناھ سادىر قىلغىنىدا ۋىجدانى ئارقىلىق ئۇنى ئېنىق بىلىپ يەتكەن ۋە گۇناھ سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانىدى. **«ئادەمئاتىنىڭ ئۆزى ــ كېيىن كېلىدىغان مەسىھنىڭ بىر بېشارەتلىك ئۈلگىسىدۇر»** ــ ئادەمئاتىمىزنىڭ بىرلا قېتىملىق گۇناھى پۈتكۈل ئىنسانغا يامان تەسىر يەتكۈزگەندەك، مەسىھنىڭ شۇ بىر قېتىملىق ئىتائەت قىلغىنى (قۇربانلىقى قىلغىنى) پۈتكۈل ئىشەنگەن ئىنسانغا دەل ئۇنىڭ ئەكسىنى يەتكۈزىدۇ.

ئادەمنىڭ بىر قېتىم ئۆتكۈزگەن ئىتائەتسىزلىكىدىن چىقارغان ھۆكۈم ئىنسانلارنى گۇناھكار دەپ بېكىتكەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ شاپائەتلىك سوۋغات بولسا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىتائەتسىزلىكلىرىدىن «ھەققانىي قىلىنىش»قا ئېلىپ بارىدۇ. [17] ئەمدى بىر ئادەمنىڭ ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئەنە شۇ بىر ئادەم ئارقىلىق ئۆلۈم ھۆكۈمران بولغان يەردە، خۇدانىڭ مول مېھىر-شەپقىتىنى، شۇنداقلا ھەققانىيلىق بولغان شاپائەتلىك سوۋغىتىنى قوبۇل قىلغانلار بىر ئادەم، يەنى شۇ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ھاياتتا شۇنچە غالىبانە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بولمامدۇ!

[18] شۇڭا، بىر قېتىملىق ئىتائەتسىزلىك تۈپەيلىدىن بارلىق ئىنسانلار گۇناھىنىڭ جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان بولسا، ئوخشاشلا بىر قېتىملىق ھەققانىي ئەمەل بىلەن ھاياتلىق ئېلىپ كېلىدىغان ھەققانىيلىق پۈتكۈل ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەن. [19] بىر ئادەمنىڭ بىر قېتىملىق ئىتائەتسىزلىكى ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر دەرۋەقە گۇناھكار قىلىنىپ بېكىتىلگەندەك، بىر ئادەمنىڭ بىر قېتىملىق ئىتائەتمەنلىكى بىلەنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ھەققانىي قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ. [20] ئەمدى تەۋرات

---

17:5 **«شۇ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ھاياتتا شۇنچە غالىبانە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بولمامدۇ!»** — «ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار» دېگەن ئىبارە: — بۇ دۇنيادا گۇناھ ئۈستىدىن، ئۆلۈم ئۈستىدىن، شەيتان قاتارلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ھۆكۈمران بولۇشنى كۆرسەتسە كېرەك. كەلگۈسىدە، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى كەلگەندە شۇ ھۆكۈمرانلىقنىڭ باشقا تەرەپلىرىمۇ بولىدۇ.

19:5 **«بىر ئادەمنىڭ بىر قېتىملىق ئىتائەتسىزلىكى ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر دەرۋەقە گۇناھكار قىلىنىپ بېكىتىلگەندەك، بىر ئادەمنىڭ بىر قېتىملىق ئىتائەتمەنلىكى بىلەنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ھەققانىي قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ»** — بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئايەت، ئادەمئاتا «ئۆز ئىچىگە ئالغان» بارلىق ئىنسانلارغا گۇناھلىق تەبىئەتنى يەتكۈزگەندەك، ئوخشاشلا مەسىھ ئەيسامۇ ئېتىقاد ئارقىلىق «ئۆز ئىچىگە ئالغان» بارلىق ئىنسانلارغا يېڭى ھەققانىي تەبىئەتنى يەتكۈزىدۇ. ئادەمئاتا گۇناھكار ئىنسان ئائىلىسىنىڭ بېشى بولغان؛ مەسىھ ئەيسا يېڭى بىرخىل ئىنسان ئائىلىسىنىڭ بېشى ۋە ئۇنىڭ تۇنجى ئەزاسى ھەم ۋەكىلى بولدى.

قانۇنى ئىنسانىنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرى كۆپرەك ئاشكارلىنىپ
بىلىنسۇن دەپ كىرگۈزۈلگەنىدى. لېكىن گۇناھ قەيەردە كۆپەيگەن
بولسا، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىمۇ شۇ يەردە تېخىمۇ ئېشىپ تاشت
ى. [21] شۇنىڭدەك، گۇناھ ئىنسانىيەتنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق
قىلىپ ئۇلارنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغىنىدەك، خۇدانىڭ مېھىر-
شەپقىتى ھەققانىيلىقنى ئاساسلىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ،
ئىنسانىنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا
ئېرىشتۈرىدۇ.

## گۇناھتىن قۇتۇلۇپ مەسىھ ئارقىلىق ھاياتلىققا ئېرىشىش

6 [1] ئۇنداقتا، نېمە دېگۈلۈك؟ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى تېخىمۇ
ئاشسۇن دەپ گۇناھ ئىچىدە ياشاۋېرەمدۇق؟ [2] ياق، ھەرگىز! گۇناھقا
نىسبەتەن ئۆلگەن بىزلەر قانداقمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ياشاۋېرىمىز؟
[3] ياكى سىلەر بىلمەمسىلەر؟ ھەرقايسىمىز مەسىھ ئەيساغا كىرىشكە
چۆمۈلدۈرۈلگەن بولساق، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىچىگە چۆمۈلدۈرۈلدۇق؟
[4] بىز چۆمۈلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ
بىلەن بىللە كۆمۈلدۇق؛ بۇنىڭ مەقسىتى، مەسىھ ئاتىنىڭ شان-
شەرىپى ئارقىلىق ئۆلۈمدىن تىرىلگىنىدەك، بىزنىڭمۇ يېڭى ھاياتتا

---

**20:5** لۇقا 47:7؛ يۇھ. 22:15؛ رىم. 15:4؛ 8:7؛ گال. 19:3

3:6 **«ھەرقايسىمىز مەسىھ ئەيساغا كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلگەن بولساق، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىچىگە چۆمۈلدۈرۈلدۇق؟»** ــ «مەسىھ ئەيساغا كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلۈش» سۇغا چۆمۈلدۈرۈپ ئېتىقادنى ئېتىراپ قىلىشنى كۆرستەمدۇ، ياكى مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرۈلۈشنى كۆرستەمدۇ؟ بىزنىڭچە ھەر ئىككىسنى كۆرستىدۇ. چۈنكى خۇدا ئالدىدا پەقەت «بىر چۆمۈلدۈرۈلۈش» بار («ئەف.» 5:4)؛ خۇدانىڭ ئادەمنىڭ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشدە بولغان مەقستى، بۇ چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق ئۆز روھىغا چۆمۈلدۈرۈلۈشنى ئېلىپ بېرىشىدىن ئىبارەت. بىرسى سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈپ مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرۈلمىگەن بولسا تېخى تولۇق «مەسىھ ئىچىگە چۆمۈلدۈرۈلگەن» بولمايدۇ (ئىنجىل، «روس.» 6-1:19، «ئەف.» 5:4، «كول.» 2:11-13، «1پېت.» 21:3 ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ).

**3:6** گال. 27:3.

مېڭىشىمىز ئۈچۈندۇر.
[5]چۈنكى مەسىھنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش بىر ئۆلۈمدە ئۇنىڭ
بىلەن بىرگە باغلانغانىكەنمىز، ئەمدى بىز چوقۇم ئۇنىڭ
تىرىلىشىگە ئوخشاش بىر تىرىلىشتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بو
لىمىز. [6]شۇنى بىلىمىزكى، گۇناھنىڭ ماكانى بولغان تېنىمىز
كاردىن چىقىرىلىپ، گۇناھنىڭ قۇللۇقىدا يەنە بولماسلىقىمىز
ئۈچۈن، «كونا ئادەم»ىمىز مەسىھ بىلەن بىللە كرېستلىنىپ
ئۆلگەن [7](چۈنكى ئۆلگەن كىشى گۇناھتىن خالاس بولغان
بولىدۇ). [8]مەسىھ بىلەن بىللە ئۆلگەن بولساق، ئۇنىڭ بىلەن
تەڭ ياشايدىغانلىقىمىزغىمۇ ئىشىنىمىز. [9]چۈنكى مەسىھنىڭ
ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن قايتا ئۆلمەيدىغانلىقى،
ئۆلۈمنىڭ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈستىدىن يەنە ھۆكۈمرانلىق
قىلالمايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. [10]چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلۈمى، ئۇ
گۇناھنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پەقەت بىر قېتىملىق ئۆلدى؛
ئۇنىڭ ھازىر ياشاۋاتقان ھاياتى بولسا، ئۇ خۇداغا يۈزلىنىپ

---

4:6 **«بىز چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىچىگە كىرىپ»** — گرېك تىلىدا «چۆمۈلدۈرۈلۈش» «شۇ چۆمۈلدۈرۈلۈش» دېيىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«مەسىھ ئاتىنىڭ شان-شەرىپى ئارقىلىق ئۆلۈمدىن تىرىلگىنىدەك...»** — «ئاتا» خۇدائاتىنى كۆرسىتىدۇ.

**4:6** رىم. 11:8؛ ئەف. 23:4؛ فىل. 10:3، 11؛ كول. 12:2؛ 10:3؛ ئىبر. 1:12؛ 1پېت. 2:2.

5:6 **«چۈنكى مەسىھنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش بىر ئۆلۈمدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە باغلانغانىكەنمىز، ئەمدى بىز چوقۇم ئۇنىڭ تىرىلىشىگە ئوخشاش بىر تىرىلىشتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىمىز»** — «ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش بىر ئۆلۈم» سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئۇنىڭ تىرىلىشىگە ئوخشاش بىر تىرىلىش» بىزنىڭچە (1) يېڭى ھاياتقا ئېرىشىش؛ ۋە (2) قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**5:6** رىم. 11:8؛ كول. 1:3.

**6:6** گال. 20:2؛ 24:5؛ فىل. 10:3؛ 1پېت. 1:4، 2.

**7:6** 1پېت. 1:4.

**8:6** 2تىم. 11:2.

**9:6** ۋەھ. 18:1.

ياشاۋاتقان ھاياتتۇر. [11] شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى
گۇناھقا نىسبەتەن ئۆلگەن، ئەمما مەسىھ ئەيسادا بولۇپ خۇداغا
يۈزلىنىپ تىرىك دەپ ھېسابلاڭلار.
[12] شۇڭا گۇناھنىڭ ئۆلىدىغان تېنىڭلاردا ھۆكۈمرانلىق
قىلىشىغا يول قويماڭلار، ئۇنىڭ رەزىل ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە
بويسۇنماڭلار، [13] شۇنىڭدەك تېنىڭلارنىڭ ھېچ ئەزاسىنى
ھەققانىيەتسىزلىكقا قورال قىلىپ گۇناھقا تۇتۇپ بەرمەڭلار.
ئەكسىچە، ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلگەنلەردەك، ئۆزۈڭلارنى خۇداغا
ئاتاڭلار ھەمدە تېنىڭلاردىكى ئەزالارنى ھەققانىيەتنىڭ قورالى
قىلىپ خۇداغا ئاتاڭلار.
[14] گۇناھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ھېچ ھۆكۈمرانلىق قىلمايدۇ؛ چۈنكى
سىلەر تەۋرات قانۇنىنىڭ ئاستىدا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مېھىر-
شەپقىتى ئاستىدا ياشاۋاتىسىلەر.

## ھەققانىيلىقنىڭ قۇلى بولۇش ھاياتلىق يولىدۇر

[15] ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كېرەك؟ قانۇننىڭ ئاستىدا ئەمەس، مېھىر-
شەپقەت ئاستىدا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن گۇناھ سادىر قىلىۋەرسەك
بولامدۇ؟ ياق، ھەرگىز! [16] ئۆزلىرىڭلارنى ئىتائەتمەن قۇللاردەك بىرىگە
تۇتۇپ بەرسەڭلار، شۇ كىشىنىڭ قۇلى بولغانلىقىڭلارنى بىلمەمسىلەر
– ياكى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان گۇناھنىڭ قۇللىرى، ياكى خۇدا
ئالدىدا ھەققانىيلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىتائەتمەنلىكنىڭ

---

**10:6 «ئۇنىڭ ھازىر ياشاۋاتقان ھاياتى بولسا، ئۇ خۇداغا يۈزلىنىپ ياشاۋاتقان ھاياتتۇر»**
— «خۇداغا يۈزلىنىپ ياشاۋاتقان ھاياتتۇر»: بۇ ئىبارىنىڭ بەلكىم ئۈچ مەنىسى بار بولۇشى مۇمكىن:
(1) خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ياشاش؛ (2) خۇداغا پۈتۈنلەي تايىنىپ ياشاش (شۇنداق قىلغاندا
ئۆلۈم بولمايدۇ)؛ (3) خۇدانىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ياشاش. روسۇل بەلكىم ئىشەنگۈچىلەرنىڭ
ياشاۋاتقان يېڭى ھاياتىمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي نىيەتلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «خۇداغا يۈزلىنىپ
ياشاۋاتقان» بولۇشى كېرەك، دېمەكچى بولىدۇ (11-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**10:6** 1پېت. 24:2.

**13:6** لۇقا 74:1؛ رىم. 1:12؛ گال. 20:2؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 2:4.

**قۇللىرى بولۇشۇڭلار مۇخەررەر. [17] خۇداغا تەشەككۈر! بۇرۇن گۇناھنىڭ**
**قۇلى بولغانسىلەر، بىراق مەسىھنىڭ تەلىمىگە باشلىنىپ، بۇ تەلىم**
**كۆرسەتكەن نەمۇنىگە چىن دىلىڭلاردىن ئىتائەت قىلدىڭلار. [18] سىلەر**
**گۇناھنىڭ كۈچىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، ھەققانىيلىقنىڭ قۇللىرى**
**بولدۇڭلار.**
**[19] ئەتلىرىڭلار ئاجىز بولغاچقا، سىلەرگە ئىنسانچە سۆزلەۋاتىمەن: ــ**
**ئىلگىرى سىلەر تەن ئەزايىڭلارنى ناپاك ئىشلارغا ۋە ئەخلاقسىزلىققا**
**قۇللاردەك تۇتۇپ بېرىشىڭلار بىلەن تېخىمۇ ئەخلاقسىزلىقلارنى**
**قىلغاندەك، ئەمدى ھازىر تەن-ئەزالىرىڭلارنى پاك-مۇقەددەسلىككە**
**باشلايدىغان ھەققانىيلىققا قۇللاردەك تۇتۇپ بېرىڭلار. [20] سىلەر**
**گۇناھنىڭ قۇللىرى بولغان ۋاقتىڭلاردا، ھەققانىيلىقنىڭ ئىلكىدە**
**ئەمەس ئىدىڭلار. [21] ھازىر نومۇس دەپ قارىغان بۇرۇنقى ئىشلاردىن شۇ**
**چاغدا سىلەر زادى قانداق مېۋە كۆردۈڭلار؟ ئۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى**
**ئۆلۈمدۇر. [22] بىراق، ھازىر سىلەر گۇناھتىن ئەركىن قىلىنىپ،**
**خۇدانىڭ قۇللىرى بولغان ئىكەنسىلەر، سىلەردە ئۆزۈڭلارنى پاك-**
**مۇقەددەسلىككە ئېلىپ بارىدىغان مېۋە بار، ئۇنىڭ نەتىجىسى**
**مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر.**
**[23] چۈنكى گۇناھنىڭ ئىش ھەققى يەنىلا ئۆلۈمدۇر، بىراق خۇدانىڭ**
**رەببىمىز مەسىھ ئەيسادا بولغان سوۋغىتى بولسا مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر.**

---

**16:6** يۇھ. 34:8؛ 2پېت. 19:2.

**18:6** يۇھ. 32:8؛ گال. 1:5؛ 1پېت. 16:2.

19:6 **«ئەتلىرىڭلار ئاجىز بولغاچقا، سىلەرگە ئىنسانچە سۆزلەۋاتىمەن...»** ــ «مەن ئىنسانچە سۆزلەۋاتىمەن» دېگەن ئىبارە توغرۇلۇق 5:3تىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**20:6** يۇھ. 34:8.

**23:6** يار. 17:2؛ رىم. 12:5؛ 1كور. 21:15؛ ياق. 15:1.

## نىكاھ مۇناسىۋەتتىدىن مىسال

7 [1]ئى قېرىنداشلار، مەن هازىر تەۋرات قانۇنىنى بىلگەنلەرگە
سۆزلەۋاتىمەن؛ سىلەر قانۇننىڭ پەقەت هايات ۋاقتىدىلا ئىنسان
ئۈستىگە هۆكۈمران بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟
[2] مەسىلەن، ئېرى بار ئايال، ئېرى هاياتلا بولىدىكەن، قانۇن بويىچە
ئېرىگە باغلانغان؛ لېكىن ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆزىنى ئېرىگە
باغلىغان نىكاھ قانۇنىدىن ئازاد قىلىنىدۇ. [3] شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ
ئايال ئېرى هايات ۋاقتىدا باشقا بىر ئەرگە باغلانسا، زىناخور ئايال
دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ نىكاھ قانۇنىدىن
ئەركىن بولىدۇ؛ شۇ چاغدا باشقا بىر ئەرگە تەگسە، زىنا قىلغان بول
مايدۇ. [4] خۇددى شۇنىڭدەك، قېرىنداشلار، سىلەر ئەيسا مەسىهنىڭ
قۇربانلىق تېنى ئارقىلىق تەۋرات قانۇنىغا نىسبەتەن ئۆلدۈڭلار. بۇنىڭ
مەقسىتى سىلەرنىڭ باشقا بىرسىگە، يەنى ئۆلۈمدىن تىرىلگۈچىگە
باغلىنىشىڭلار ۋە شۇنىڭ بىلەن خۇداغا مېۋە بېرىشىڭلاردىن
ئىبارەتتۇر.
[5] چۈنكى بىز «ئەت»نىڭ ئىلكىدە ۋاقتىمىزدا، تەۋرات قانۇنى
گۇناھنىڭ ئارزۇ-هەۋەسلىرىنى تېخىمۇ قوزغاپ، تېنىمىزدىكى
ئەزالاردا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان مېۋىنى چىقارغانىدى؛ [6] لېكىن،

---

**2:7** 1كور. 7:2، 10، 39.

**3:7** مات. 32:5.

4:7 **«بۇنىڭ مەقسىتى سىلەرنىڭ باشقا بىرسىگە، يەنى ئۆلۈمدىن تىرىلگۈچىگە باغلىنىشىڭلار ۋە شۇنىڭ بىلەن خۇداغا مېۋە بېرىشىڭلاردىن ئىبارەتتۇر»** — بىردىنبىر «ئۆلۈمدىن تىرىلگۈچى» مەسىهدۇر، ئەلۋەتتە. «خۇداغا مېۋە بېرىش»نىڭ هەر تەرەپلىمە مەنىسى بار؛ «نىكاھنىڭ مېۋىسى» ئادەتتە باللار بولىدۇ؛ مەسىهكە باغلىنىشنىڭ نەتىجىسى بەلكىم باشقىلارنىڭ بىز ئارقىلىق خۇداغا ئېتىقاد باغلاپ ئۇنىڭغا پەرزەنت بولۇشىدىن ئىبارەت بولىدۇ؛ بۇ، شۈبهىسىزكى، روسۇل مۇشۇ يەردە كۆرسەتكەن «مېۋە»نىڭ بىر قىسمى. «گال.» 22:5نىمۇ كۆرۈڭ

**4:7** گال. 19:2؛ 1پېت. 1:4.

5:7 **«چۈنكى بىز «ئەت»نىڭ ئىلكىدە ۋاقتىمىزدا، تەۋرات قانۇنى گۇناھنىڭ ئارزۇ-هەۋەسلىرىنى تېخىمۇ قوزغاپ، تېنىمىزدىكى ئەزالاردا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان مېۋىنى چىقارغانىدى»** — «ئەت» دېگەن سۆزنىڭ مۇشۇ يەردىكى مەنىسى توغرۇلۇق «كىرىش

**ھازىر بىز تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىلكىدىن ئەركىن بولدۇق. چۈنكى
ئۆزىمىزنى بوغۇپ تۇرىدىغان بۇ قانۇنغا نىسبەتەن ئۆلگەن بولۇپ،
قانۇنىنىڭ دەستۇرىنىڭ كونا يولىدا ئەمەس، بەلكى روھنىڭ يېڭى
يولىدا خۇدانىڭ قۇللۇقىدا بولىمىز.**

## مۇقەددەس قانۇن ۋە گۇناھ

**7 ئۇنداقتا نېمە دېگۈلۈك؟ تەۋرات قانۇنىنىڭ ئۆزى گۇناھمۇ؟ ھەرگىز
ئۇنداق ئەمەس! دەرۋەقە، قانۇنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بولمىسا، گۇناھنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. قانۇن «نەپسانىيەتچىلىك قىلما»
دېمىگەن بولسا، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
بىلمىگەن بولاتتىم. 8 لېكىن گۇناھ قانۇننىڭ ئەمرى ئارقىلىق
پۇرسەت تېپىپ، ئىچىمدە ھەرخىل نەپسانىيەتچىلىكلەرنى
قوزغىدى. تەۋرات قانۇنى بولمىسا، گۇناھمۇ ئۆلۈكتەك جانسىز بولا
تتى. 9 بىر چاغلاردا قانۇننىڭ سىرتىدا ياشىغىنىمدا ھايات ئىدىم،**

---

سۆز»نىمزنى كۆرۈڭ. «تەۋرات قانۇنى گۇناھنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى تېخىمۇ قوزغاپ» دېگەن سۆزلەر قانۇننىڭ ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە پەيدا قىلغان تەسىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچ تەرىپى بار: (1) ئىنساننىڭ نۇرغۇن قىلمىشلىرى ئاڭسىز؛ (2) ئىنساننىڭ تەبىئىتى بەك تەتۈر بولۇپ، خۇدا بۇنى قىل دېسە، ئۇ باشقىچە قىلىدۇ؛ (3) (ئەڭ مۇھىمى) نۇرغۇن كىشىلەر شۇ گۇۋاھلىقنى بېرىدۇكى، ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشقانسېرى ئۆز گۇناھلىرى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىدۇ، ھەتتا كۆپىيىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكى 7-25-ئايەتلەردە پاۋلۇس ئۆزىنىڭ بۇ توغرۇلۇق تەجرىبىسىنى بىز ئۈچۈن قىسقىچە بايان قىلىدۇ.

**6:7 «لېكىن، ھازىر بىز تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىلكىدىن ئەركىن بولدۇق. چۈنكى ئۆزىمىزنى بوغۇپ تۇرىدىغان بۇ قانۇنغا نىسبەتەن ئۆلگەن بولۇپ، قانۇنىنىڭ دەستۇرىنىڭ كونا يولىدا ئەمەس، بەلكى روھنىڭ يېڭى يولىدا خۇدانىڭ قۇللۇقىدا بولىمىز»** — ئۇقۇرمەن «تەۋرات قانۇنى»غا ئەمەل قىلاي دېسە، ئۇنىڭدا 613 ماددىلىق ئەمر-بەلگىلىمىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئۇلارغا ئەمەل قىلىش بىرياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشلا كۆپ ئادەملەرگە قىيىن كېلىشى مۇمكىن.

—«روھ» — خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى.

**6:7** رىم. 29:2؛ 2كور. 6:3.

**7:7** مىس. 17:20؛ قان. 21:5؛ رىم. 20:3؛ ئىبر. 18:7.

**8:7** يـۇھ. 22:15؛ رىم. 15:4؛ 20:5؛ گال. 19:3.

لېكىن قانۇن ئەمرىنى بىلىشىم بىلەنلا، گۇناھمۇ جانلىنىپ، مېنى
ئۆلۈمگە ئېلىپ باردى. 10 ئەسلىدە كىشىگە ھاياتلىق ئېلىپ كەلسۇن
دەپ بۇيرۇلغان قانۇننىڭ ئەمرى ئەكسىچە ماڭا ئۆلۈم ئېلىپ كەلدى.
11 چۈنكى گۇناھ قانۇننىڭ ئەمرى بىلەن ھۇجۇم پۇرسىتىنى تېپىپ،
مېنى ئازدۇردى ۋە ئەمر ئارقىلىق مېنى ئۆلتۈردى.
12 بۇنىڭدىن قارىغاندا قانۇن ھەقىقەتەن پاك-مۇقەددەستۇر، ئۇنىڭ
ئەمرىمۇ مۇقەددەس، توغرا-ئادالەتلىك ۋە ياخشىدۇر. 13 ئۇنداقتا،
ياخشى بولغىنى ماڭا ئۆلۈم بولدىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!
بەلكى، گۇناھنىڭ قەۋەتلا قەبىھ ئىكەنلىكى ئەمر ئارقىلىق ئوچۇق
ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ياخشى ئەمرنىڭ ۋاستىسى بىلەن گۇناھ
مەندە ئۆلۈم پەيدا قىلدى.

## گۇناھنىڭ دەھشەتلىك كۈچى

14 تەۋرات قانۇنىنىڭ «روھقا تەۋە» ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.
بىراق مەن بولسام «ئەتكە تەۋە»دۇرمەن، دېمەك گۇناھقا قۇلدەك
سېتىلغانمەن. 15 چۈنكى نېمە قىلىۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.
چۈنكى ئۆزۈم نىيەت قىلغان ئىشلارنى قىلمايمەن؛ ئەكسىچە،
نەپرەتلىنىدىغىنىمنى قىلىمەن. 16 لېكىن ئەگەر ئۆزۈم خالىمىغان

---

9:7 **«بىر چاغلاردا قانۇننىڭ سىرتىدا ياشىغىنىمدا ...»** — بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم: «تەۋرات قانۇنىنىڭ مەندىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىغان ۋاقتىمدا،...». **«قانۇن ئەمرىنى بىلىشىم بىلەنلا...»** — گرېك تىلىدا «قانۇن ئەمرى ماڭا كەلگەندىلا،...». **«... گۇناھمۇ جانلىنىپ، مېنى ئۆلۈمگە ئېلىپ باردى»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۆلۈم» شۈبھىسىزكى، روھىي جەھەتتىكى ئۆلۈمنى كۆرسىتىدۇ.

10:7 **«ئەسلىدە كىشىگە ھاياتلىق ئېلىپ كەلسۇن دەپ بۇيرۇلغان قانۇننىڭ ئەمرى ...»** — مەسىلەن، «قان.» 4:1نى كۆرۈڭ.

**12:7** 1تىم. 8:1.

14:7 **«بىراق مەن بولسام «ئەتكە تەۋە»دۇرمەن، دېمەك گۇناھقا قۇلدەك سېتىلغانمەن»** — «ئەتكە تەۋە» ياكى «ئەتتە بولغان» توغرۇلۇق كىرىش سۆزنى كۆرۈڭ.

**14:7** يەش. 3:52.

**15:7** گال. 17:5.

**ئىشلارنى قىلسام، ئۆزۈم قانۇننىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ
قىلغان بولىمەن. [17] شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىشلارنى مەن ئەمەس، بەلكى
ئىچىمدە مەۋجۇت بولغان گۇناھ قىلدۇرىدۇ. [18] ئىچىمدە، يەنى مېنىڭ
ئەتلىرىمدە ھېچ ياخشىلىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلىمەن؛
چۈنكى ياخشىلىق قىلىش نىيىتىم بار بولسىمۇ، ئۇنى قىلالمايمەن.
[19] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم خالىغان ياخشىلىقنى قىلماي، ئەكسىچە
خالىمىغان يامانلىقنى قىلىمەن. [20] ئۆزۈم نىيەت قىلمىغان ئىشنى
قىلسام، بۇنى قىلدىغان مەن ئەمەس، بەلكى ئىچىمدە ماكان
قىلغان گۇناھتۇر.
[21] بۇنىڭدىن ئۆزۈمدىكى شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى بايقايمەنكى،
ياخشىلىقنى قىلماقچى بولغىنىمدا، يامانلىق ھامان ئىچىمدە
ماڭا ھەمراھ بولىدۇ. [22] قەلبىمدە خۇدانىڭ قانۇنىدىن سۆيۈنىمەن؛
[23] بىراق تېنىمدىكى ئەزالىرىمدا باشقا بىر قانۇنىيەتنى سېزىمەن. بۇ
قانۇنىيەت قەلبىمدىكى قانۇن بىلەن جەڭ قىلىپ، مېنى تېنىمدىكى
ئەزالىرىمدىكى گۇناھ سادىر قىلدۇرغۇچى قانۇنىيەتكە ئەسىر
قىلىدۇ. [24] نېمىدېگەن دەردمەن ئادەممەن-ھە! ئۆلۈمگە ئېلىپ
بارىدىغان بۇ تېنىمدىن كىممۇ مېنى قۇتقۇزار؟ [25] رەببىمىز ئەيسا
مەسىھ ئارقىلىق خۇداغا تەشەككۇر بولسۇن! شۇنداق قىلىپ، قەلبىم
بىلەن خۇدانىڭ قانۇنىغا ئىتائەت قىلىمەن، لېكىن ئەتلىرىمدە گۇناھ
سادىر قىلدۇرغۇچى قانۇنىيەتكە ئىتائەت قىلىمەن.**

---

**18:7** يار. 3:6، 5؛ 21:8.

21:7 **«بۇنىڭدىن ئۆزۈمدىكى شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى بايقايمەنكى، ياخشىلىقنى قىلماقچى بولغىنىمدا، يامانلىق ھامان ئىچىمدە ماڭا ھەمراھ بولىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا «قانۇنىيەت» ۋە «قانۇن» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**22:7** ئەف. 16:3.

**23:7** گال. 17:5.

25:7 **«رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇداغا تەشەككۇر بولسۇن!»** ــ دېمەك، ئۇ ئۆزى قىلالمايدىغان ئىشنى خۇدا ئۆزى قىلغان؛ باشقىچە ئېيتقاندا، «رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئادەمنى قۇتقۇزىدىغان خۇداغا تەشەككۇر!». **«شۇنداق قىلىپ، قەلبىم بىلەن خۇدانىڭ**

## مۇقەددەس روھتىكى ھاياتلىق قانۇنىيىتى

8 ¹خۇلاسىلىساق، مەسىھ ئەيسادا بولغانلار گۇناھىنىڭ جازاسىغا
مەھكۇم بولمايدۇ. ²چۈنكى مەسىھ ئەيسادا بولغان ھاياتلىقنى
بەخش ئېتىدىغان روھنىڭ قانۇنىيىتى ئادەمنى گۇناھقا ۋە
ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان قانۇنىيەتتىن سىلەرنى خالاس قى
لدى. ³چۈنكى گۇناھلىق ئەت ئېلىپ كېلىدىغان ئاجىزلىق
تۈپەيلىدىن تەۋرات قانۇنى قىلالمىغاننى خۇدانىڭ ئۆزى قىلدى؛
ئۇ ئۆز ئوغلىنى گۇناھكار ئەتلىك قىياپەتتە گۇناھنى بىر تەرەپ
قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئەتتىكى مەۋجۇت گۇناھنى ئۆلۈمگە مەھكۇم
قىلىۋەتتى؛ ⁴بۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس قانۇننىڭ ھەققانىي
تەلىپى ئەتكە ئەگەشمەيدىغان، بەلكى روھقا ئەگىشىپ ماڭىدىغان
بىزلەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.
⁵چۈنكى ئەتكە تەۋە بولغانلار ئەتكە خاس ئىشلارنىڭ ئويىدا
يۈرىدۇ؛ مۇقەددەس روھقا تەۋە بولغانلار بولسا، شۇ روھقا ئائىت
ئىشلارنىڭ ئويىدا يۈرىدۇ. ⁶ئەتتىكى ئوي-نىيەتلەر ئادەمنى

---

**قانۇنغا ئىتائەت قىلىمەن، لېكىن ئەتلىرىمدە گۇناھ سادىر قىلدۇرغۇچى قانۇنىيەتكە ئىتائەت قىلىمەن»** — تۆۋەندىكى 8-باب، 8-، 9-ئايەتنى كۆرۈڭ.

2:8 **«سىلەرنى خالاس قىلدى»** — بەزى كونا كۆچۈرمە ئورام يازمىلاردا «مېنى خالاس قىلدى» دەپ يېزىلىدۇ.

**2:8** يۇھ. 36:8؛ رىم. 18:6، 22؛ گال. 1:5.

3:8 **«ئۇ خۇدا ئۆز ئوغلىنى گۇناھكار ئەتلىك قىياپەتتە گۇناھقا قۇربانلىق سۈپىتىدە گۇناھنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىپ»** — ئەيسا مەسىھ پۈتۈنلەي ئىنسان بولدى، ئۇنىڭ تېنى بىزنىڭ تېنىمىزگە ئوخشاش، بىراق ئۇنىڭ ئېتى «گۇناھكار ئەت» ئەمەس ئىدى؛ شۇڭا پاۋلۇس ئۇنىڭ: «گۇناھكار ئەتكە **ئوخشايدىغان** ئەتلىك قىياپەت»لىك تەندە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

**3:8** روس. 39:13؛ رىم. 28:3؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 18:7.

4:8 **«مۇقەددەس قانۇننىڭ ھەققانىي تەلىپى... مۇقەددەس روھقا ئەگىشىپ ماڭىدىغان بىزلەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ»** — «قانۇننىڭ ھەققانىي تەلىپى» — كىرىش سۆزىمىزدە «ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تەۋرات قانۇنى بىلەن مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق» يازغىنىمىزنى كۆرۈڭ.

5:8 **«مۇقەددەس روھ»** — گرېك تىلىدا «روھ». 6-، 13-، 23-، 26- ۋە 27-ئايەتتىمۇ شۇنداق.

**5:8** 1كور. 14:2.

ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ؛ مۇقەددەس روھقا ئائىت ئوي-نىيەتلەر
ھاياتلىق ۋە خاتىرجەم-ئامانلىقتۇر؛ [7]چۈنكى ئەتتىكى ئوي-
نىيەتلەر خۇداغا دۈشمەنلىكتۇر؛ چۈنكى ئەت خۇدانىڭ قانۇنىغا
بويسۇنمايدۇ ھەم ھەتتا ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى مۇمكىن ئەمەس؛
[8]ئەتتە بولغانلار خۇدانى خۇرسەن قىلالمايدۇ.
[9]ئەمما سىلەرگە كەلسەك، پەقەت خۇدانىڭ روھى دەرۋەقە
ئىچىڭلاردا ياشاۋاتقان بولسا، سىلەر ئەتتە ئەمەس، بەلكى روھتا
ياشايسىلەر. ئەمما مەسىھنىڭ روھىغا ئىگە بولمىغان ئادەم بولسا،
ئۇ مەسىھكە مەنسۇپلاردىن ئەمەس. [10]لېكىن مەسىھ قەلبىڭلاردا
بولسا، تېنىڭلار گۇناھ تۈپەيلىدىن ئۆلۈمنىڭ ئىلكىدە بولسىمۇ،
ھەققانىيلىق تۈپەيلىدىن روھىڭلار ھاياتتۇر. [11]ھالبۇكى، ئۆلگەن
ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچىنىڭ ئۆزىدىكى روھ سىلەردە
ياشىسا، مەسىھنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى قەلبىڭلاردا
ياشاۋاتقان روھى ئارقىلىق ئۆلىدىغان تېنىڭلارنىمۇ ھاياتى
كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

---

**9:8** 1كور. 16:3.

10:8 **«لېكىن مەسىھ قەلبىڭلاردا بولسا، تېنىڭلار گۇناھ تۈپەيلىدىن ئۆلۈمنىڭ ئىلكىدە بولسىمۇ، ھەققانىيلىق تۈپەيلىدىن روھىڭلار ھاياتتۇر»** ــ دېمەك، بىرسى ئېتىقاد ئارقىلىق خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىغا ئېرىشكەن بولسا، شۇ ھامان مەڭگۈلۈك ھايات ئۇنىڭ روھىدا باشلىنىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھەققانىيلىق تۈپەيلىدىن (مۇقەددەس) روھ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار بولدى».

11:8 **«مەسىھ ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى»** ــ خۇدا، ئەلۋەتتە. **«ھالبۇكى، ئۆلگەن ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچىنىڭ ئۆزىدىكى روھ سىلەردە ياشىسا، مەسىھنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى قەلبىڭلاردا ياشاۋاتقان روھى ئارقىلىق ئۆلىدىغان تېنىڭلارنىمۇ ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ»** ــ بۇ باياننى ئىككى تەرەپتە چۈشەنگىلى بولىدۇ: (1) خۇدا قىيامەت كۈنىدە بۇ دۇنيادا ئۆلىدىغان تېنىمىزنى تىرىلدۈرىدۇ؛ (2) تېنىمىز بۇ دۇنيادا گۇناھ تۈپەيلىدىن «ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان» (10-ئايەت)، لېكىن خۇدا بىزگە ئۆز روھى ئارقىلىق ھايات ئۆتكۈزۈپ، تېنىمىزنى كۈچەيتىپ جانلاندۇرىدۇ. بىزنىڭچە ھەر ئىككى مەنىسى توغرىدۇر.

**11:8** رىم. 4:6، 5؛ 1كور. 14:6؛ 2كور. 14:4؛ ئەف. 5:2؛ كول. 13:2.

**[12] شۇنىڭ ئۈچۈن، قېرىنداشلار، بىز ئەتكە قەرزدار ئەمەس، يەنى**
**ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياشاشقا قەرزدار ئەمەسمىز. [13] چۈنكى ئەتكە**
**ئەگىشىپ ياشىساڭلار، ھالاك بولىسىلەر؛ لېكىن مۇقەددەس**
**روھقا تايىنىپ ئەتتىكى قىلمىشلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم**
**قىلساڭلار، ياشايسىلەر. [14] چۈنكى كىملەركى خۇدانىڭ روھىنىڭ**
**يېتەكچىلىكىدە ياشىسا، شۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ پەرزە**
**نتلىرىدۇر. [15] چۈنكى سىلەر قوبۇل قىلغان روھ قۇللۇققا ئائىت**
**ئەمەس، شۇنداقلا سىلەرنى قايتا قورقۇنچقا سالغۇچى بىرخىل**
**روھ ئەمەس، بەلكى سىلەر ئوغۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان روھنى**
**قوبۇل قىلغانسىلەر؛ ئۇ ئارقىلىق «ئابىبا، ئاتا!» دەپ نىدا**
**قىلىمىز. [16] روھ بىزنىڭ ئۆز روھىمىز بىلەن بىللە بىزنىڭ**
**خۇدانىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.**
**[17] خۇدانىڭ بالىلىرى ئىكەنمىز، ئەمدى مىراسخورلارمۇ بولىمىز**
**ــ خۇدانىڭ مىراسخورلىرى ھەمدە مەسىھ بىلەن تەڭ مىراسخور**
**بولىمىز ــ پەقەتلا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئازاب-ئوقۇبەت تارتساقلا،**
**ئۇنىڭ بىلەن شان-شەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز.**

---

**13:8 «... ئەتكە ئەگىشىپ ياشىساڭلار، ھالاك بولىسىلەر»** ــ گرېك تىلىدا «... ئەتكە ئەگىشىپ ياشىساڭلار، ئۆلىسىلەر».

**14:8** گال. 18:5.

**15:8 «...سىلەر ئوغۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان روھنى قوبۇل قىلغانسىلەر»** ــ «ئوغۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان» ــ «خۇداغا ئوغۇل بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان»، دېمەك. گرېك تىلىدا بۇ سۆز ئادەتتە بىرسىنىڭ يېتىم بالىنى ئۆز ئوغلۇم دەپ قوبۇل قىلىپ بېقىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇ ئارقىلىق «ئابىبا، ئاتا!» دەپ نىدا قىلىمىز»** ــ «ئابىبا» دېگەن سۆز ئىبرانىي تىلى بولۇپ، «سۆيۈملۈك ئاتا» دېگەن مەنىدە. «ئابىبا» ھەم سۆيۈملۈك مۇناسىۋەتنى ھەم ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ. پاۋلۇس ئىبرانىي تىلىدىكى بۇ سۆزنى گرېك تىلىدا سۆزلەيدىغان رىم شەھىرىدىكى ئېتىقادچىلارغا مۇشۇ يەردە تونۇشتۇرىدۇ.

**15:8** يەش. 5:56؛ 1كور. 12:2؛ گال. 26:3؛ 5:4، 6؛ 2تىم. 7:1.

**16:8** 2كور. 22:1؛ 5:5؛ ئەف. 13:1؛ 30:4.

**17:8** 2تىم. 11:2، 12.

## كەلگۈسىدىكى شان-شەرەپ

[18] چۈنكى مەن ھازىرقى ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ كەلگۈسىدە بىزدە ئاشكارىلىنىدىغان شان-شەرەپلەرگە ھېچ سېلىشتۇرغۇچىلىقى يوق دەپ ھېسابلايمەن. [19] چۈنكى پۈتكۈل كائىنات خۇدانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئايان قىلىنىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە. [20-21] چۈنكى يارىتىلغان كائىنات خۇدانىڭ لەنىتى ئاستىدا قېلىپ، بىمەنىلىككە چۆكتۈرۈلدى. بۇ، كائىناتنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى چۆكتۈرگۈچىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولدى ۋە شۇنداق ئۈمىدى بىلەن بولدىكى، كائىنات ئۆزىمۇ چىرىشتىن بولغان قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇلۇپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىگە بېغىشلىنىدىغان شان-شەرەپكە تەۋە بولغان ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

[22] چۈنكى پۈتكۈل كائىناتنىڭ ھازىرغىچە نالە-پەرياد كۆتۈرۈپ، تۇغۇت تولغىقىنىڭ ئازابىنى بىرلىكتە تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. [23] يالغۇز كائىنات ئەمەس، ھەتتا بىزمۇ، يەنى مۇقەددەس روھنىڭ تۇنجى چىقارغان مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولغان بىزلەرمۇ دىلىمىزدا نالە-پەرياد كۆتۈرمەكتىمىز ھەمدە خۇدانىڭ ئوغۇللىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىمىزنى، يەنى تېنىمىزنىڭ نىجاتىنىڭ

---

**18:8 «كەلگۈسىدە بىزدە ئاشكارىلىنىدىغان شان-شەرەپلەرگە ھېچ سېلىشتۇرغۇچىلىقى يوق»** — «ھېچ سېلىشتۇرغۇچىلىقى يوق» گرېك تىلىدا «سېلىشتۇرۇشقا ئەرزىمەيدۇ». «بىزدە ئاشكارىلىنىدىغان شان-شەرەپلەر» — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىزگە ئاشكارىلىنىدىغان شان-شەرەپلەر...». بىراق كېيىنكى ئايەتكە قارىغاندا تەرجىمىمىز توغرىدۇر.

**18:8** مات. 12:5؛ 2كور. 10:4، 17؛ فىل. 20:3؛ 1پېت. 13:4؛ 1يۇھ. 1:3، 2.

**22:8** ۋەھ. 13:5

**ھۆرلۇكىگە چىقىرىلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز.**
**24 بىز ئۈمىدكە باغلانغاچقا، قۇتقۇزۇلغانىكەنمىز. لېكىن ئۈمىد**
**قىلىنغان نەرسە كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ يەنە ئۈمىد بولامدۇ؟ كىممۇ كۆز**
**ئالدىدىكى نەرسىنى ئۈمىد قىلسۇن؟ 25 بىراق، تېخى كۆرمىگىنىمىزگە**
**ئۈمىد باغلىغانىكەنمىز، ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشىمىز**
**كېرەكتۇر.**
**26 شۇنىڭدەك، ئىنسانىي ئاجىزلىقىمىزدا** مۇقەددەس **روھ كېلىپ**
**بىزگە ياردەم قىلىدۇ؛ چۈنكى قانداق دۇئا قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى**
**بىلمەيمىز. لېكىن روھنىڭ ئۆزى ئىپادىلىگۈسىز نالە-پەرياد**

23:8 **«...خۇدانىڭ ئوغۇللىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىمىز...»** ــ گرېك تىلىدا «ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىنىشىمىزنى». **«يالغۇز كائىنات ئەمەس، ھەتتا بىزمۇ، يەنى مۇقەددەس روھنىڭ تۇنجى چىقارغان مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولغان بىزلەرمۇ دىلىمىزدا نالە-پەرياد كۆتۈرمەكتىمىز ھەمدە خۇدانىڭ ئوغۇللىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىمىزنى، يەنى تېنىمىزنىڭ نىجاتىنىڭ ھۆرلۈكىگە چىقىرىلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز»** ــ بۇ ئايەتتىكى ئۈچ نۇقتا توغرۇلۇق توختىلىمىز: (1) «مۇقەددەس روھنىڭ تۇنجى چىقارغان مېۋىسى»؛ بۇ ئىبارىنىڭ بەلكىم ئىككى جەھەتى بار: (ئا) مۇقەددەس روھ بارلىق ئىشەنگۈچىلەردە خۇدانىڭ مېۋىسىنى، يەنى مۇھەببەت، شادلىق، خاتىرجەملىك قاتارلىقلارنى چىقىرىدۇ؛ بۇ مېۋە بولسا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ بۇ دۇنيادا چىقارغان تۇنجى مېۋىسىدۇر ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ رېئاللىقىغا ئىسپات بولىدۇ (14:17نى كۆرۈڭ)؛ (ئە) ئىشەنگۈچىلەر ئۆزلىرىدە چىقىرىلغان بۇ مېۋىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كەلگۈسىدە پۈتكۈل دۇنياغا، جۈملىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈستىگە تولۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىسپات ھەم كاپالەت دەپ بىلىدۇ؛ (2) «ئوغۇل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىش» ــ كونا زامانلاردا مۆتىۋەر ئادەم مەلۇم نامرات ياكى «جەمئىيەتتە ئورنى يوق» بىر ياش كىشىنى بېقىۋالماقچى بولسا، جامائەتنى چوڭ سورۇنغا چاقىرىپ ئۇنى «ئۆز ئوغلۇم»، «ئۆز قىزىم» دەپ جاكارلايتتى. روسۇل خۇدامۇ كەلگۈسىدە ئالەم ئالدىدا ئىشەنگۈچىلەرنى «ئۆز ئوغلۇم» دەپ شۇنداق جاكارلايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى. (3) «تېنىمىزنىڭ نىجاتتىكى ھۆرلۈككە چىقىرىلىشى» ــ ھازىر ئىشەنگۈچىلەرگە خۇدانىڭ نىجات-ئىلتىپاتى بىلەن يېڭى روھى، يېڭى قەلبى بار؛ مەسىھ ئەيسا بىز ئۈچۈن ئېرىشكەن نىجاتتا يەنە «يېڭى تېنىمىز»مۇ بار، قىيامەت كۈنىدە ئۇنى ئۇ بىزگە بېرىدۇ.
**23:8** لۇقا 21:28.

بىلەن بىز ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ دۇئا-تىلاۋەت قىلماقتا.
[27] ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ قارىغۇچى بولسا،
مۇقەددەس روھنىڭ ئوي-نىيەتلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ؛
چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە مۇقەددەس بەندىلىرى
ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدا دۇئا قىلىپ ئۆتۈنمەكتە. [28] شۇنداقلا شۇنى
بىلىمىزكى، پۈتكۈل ئىشلار خۇدانى سۆيىدىغانلارنىڭ، يەنى
ئۇنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسى بويىچە چاقىرىلغانلارنىڭ بەخت-
بەرىكىتىگە بىرلىكتە خىزمەت قىلماقتا. [29] چۈنكى خۇدا ئالدىن
كۆڭلىگە پۈككەن كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ئۆز ئوغلىنىڭ
ئوبرازىغا ئوخشاش بولىدىغىنىنى، ئوغلىنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرى
ئارىسىدىكى تۇنجى ئوغلى بولىدىغىنىنى ئالدىن بەلگىلىگەن.
[30] ئالدىن بېكىتكەن كىشىلەرنى ئۇ چاقىردى، چاقىرغان كىشىلەرنى ئۇ
ھەققانىي قىلدى؛ ھەققانىي قىلغانلارغا ئۇ شان-شەرەپ ئاتا قىلدى.

## خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى

[31] ئۇنداقتا، بۇ ئىشلارغا يەنە نېمە دەيلى؟ خۇدا بىز تەرەپتە
تۇرغانىكەن، كىممۇ بىزگە قارشى چىقالىسۇن؟! [32] ئۆز ئوغلىنىمۇ
ئايىماي، ئۇنى ھەممىمىز ئۈچۈن پىدا يولىغا تاپشۇرغان خۇدا،
ئۇنىڭغا قوشۇپ ھەممىنى بىزگە شەرتسىز ئاتا قىلماي قالارمۇ؟
[33] كىممۇ خۇدانىڭ تاللىغانلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلالىسۇن؟!

---

26:8 **«...ئىنسانىي ئاجىزلىقىمىزدا مۇقەددەس روھ كېلىپ بىزگە ياردەم قىلىدۇ...»** — «مۇقەددەس روھ» — گرېك تىلىدا پەقەت «روھ» دېيىلىدۇ.

**26:8** مات. 22:20؛ ياق. 3:4.

29:8 **«خۇدا... ئوغلىنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرى ئارىسىدىكى تۇنجى ئوغلى بولىدىغىنىنى ئالدىن بەلگىلىگەن»** — «تۇنجى ئوغۇل» بىرىنچى ئورۇندا، مۇشۇ يەردە پۈتكۈل ئالەمدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. «زەب.» 89:27نى كۆرۈڭ.

**29:8** كول. 1:18.

**31:8** چۆل. 14:8.

**32:8** يار. 22:12؛ يەش. 53:5؛ يۇھ. 3:16.

خۇدا ھەققانىي قىلغان يەردە، 34 كىممۇ گۇناھقا مەھكۇم قىلالىسۇن؟
ئۆلگەن، شۇنداقلا تىرىلگەن ۋە خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان،
ھەمدە بىز ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتقان
مەسىھ شۇنداق قىلارمۇ؟! 35 كىم بىزنى مەسىھنىڭ مېھىر-
مۇھەببىتىدىن ئايرىۋېتەلىسۇن؟ جاپا-مۇشەققەتمۇ، دەرد-ئەلەممۇ،
زىيانكەشلىكمۇ، ئاچارچىلىقمۇ، يالىڭاچلىقمۇ، خېيىم-خەتەرمۇ
ياكى قىلىچمۇ؟ 36 مۇقەددەس يازمىلاردا ئېيتىلغىنىدەك: ــ
«سېنى دەپ كۈن بويى قىرىلماقتىمىز،
بوغۇزلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان قويلاردەك ھېسابلانماقتىمىز».
37 بىراق بىزنى سۆيگۈچىگە تايىنىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىدە غالىپلارنىڭ
غالىپى بولماقتىمىز؛ 38 شۇنىڭغا قەتئىي قايىل قىلىندىمكى، مەيلى
ئۆلۈم بولسۇن ھاياتلىق بولسۇن، پەرىشتىلەر بولسۇن جىن-شەيتان
ھۆكۈمرانلار بولسۇن، ھازىرقى ئىشلار ياكى كەلگۈسىدىكى ئىشلار
بولسۇن، ھەرقانداق روھىي كۈچلەر بولسۇن، 39 پەلەك بولسۇن ھاڭ
بولسۇن، شۇنداقلا پۈتكۈل كائىناتتا يارىتىلغان ھەرقانداق باشقا
بىر شەيئى بولسۇن، بىزنى رەببىمىز مەسىھ ئەيسادا بولغان خۇدانىڭ
مېھىر-مۇھەببىتىدىن ھېچقاچان ئايرىۋەتكۈچى بولالمايدۇ.

---

**33:8** يەش. 8:50.

34:8 **«ئۆلگەن، شۇنداقلا تىرىلگەن ۋە خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان، ھەمدە بىز ئۈچۈن ... دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتقان مەسىھ»** ــ «خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا» بولسا ئالەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى جايى، ھەممىنى باشقۇرىدىغان يەر.

**34:8** ئىبر. 25:7.

36:8 **«سېنى دەپ كۈن بويى قىرىلماقتىمىز، بوغۇزلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان قويلاردەك ھېسابلانماقتىمىز»** ــ «زەب.» 22:44 ــ نەقىل كۆلتۈرۈلگەن بۇ ئايەت بويىچە ئىشەنگۈچىلەر خۇدانىڭ يولىدا، خۇدانى دەپ كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرگە ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى مۇمكىن.

**36:8** زەب. 22:44؛ 1كور. 9:4؛ 2كور. 11:4.

38:8 **«پەرىشتىلەر بولسۇن جىن-شەيتان ھۆكۈمرانلار بولسۇن،...»** ــ «جىن-شەيتان ھۆكۈمرانلار» بولسا گرېك تىلىدا پەقەت «ھۆكۈمرانلار»لا دېيىلىدۇ. ئىنجىلدا بۇ سۆز ئادەتتە جىن-شەيتانلارنى كۆرسىتىدۇ («ئەف.» 12:6نى كۆرۈڭ). **«ھەرقانداق روھىي كۈچلەر بولسۇن»** ــ گرېك تىلىدا «ھەرقانداق كۈچلەر بولسۇن».

## خۇدا ۋە ئۇنىڭ تاللىغىنى ئىسرائىل

9 [1] مەن مەسىھتە ھەقىقەتنى سۆزلەيمەن، يالغان گەپ
ئىيتمايمەن، ۋىجدانىم مۇقەددەس روھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ
ئۆزەمگە گۇۋاھلىق قىلماقتا ـ [2] قەلبىمدە زور دەرد-ئەلەم
ۋە تۈگىمەس ئازاب بار. [3-4] چۈنكى مېنىڭ بۇرادەرلىرىم، يەنى
جىسمانىي جەھەتتىكى قېرىنداشلىرىم بولغان ئىسرائىللارنى
نىجات تاپقۇزالىسام خۇدانىڭ لەنىتىگە قېلىپ مەسىھتىن
مەھرۇم قىلىنىشىمنى تىلەشكە رازى ئىدىم؛ ئۇلار ئىسرائىللار!
ـ ئۇلارغا ئوغۇللۇق ھوقۇقى، خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئايان
قىلىنىشى، ئەھدىلىرى، تەۋرات قانۇنىنىڭ ئامانەت بولۇشى،
ئىبادەت خىزمەتلىرى ۋە تەۋرات ۋەدىلىرى نېسىۋە قىلىندى.
[5] ئۇلۇغ ئىبرانىي ئاتا-بوۋىلىرى ئۇلارنىڭكىدۇر؛ جىسمانىي
جەھەتتە مەسىھ ئۇلارنىڭ ئەجدادىدۇر. ئۇ بارلىق مەۋجۇدات
ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرگۈچى، مەڭگۈ مۇبارەك خۇدادۇر. ئامىن!
[6] ـ بىراق خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان سۆزى بىكار بولدى، دېمەيمەن؛

---

1:9 **«مەن مەسىھتە ھەقىقەتنى سۆزلەيمەن»** ــ «مەسىھتە»: «مەسىھكە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇنىڭدىن ئىلتىپات، كۈچ-قۇدرەتنى ئالغاندا.....» دېگەن مەنىدە. «كىرىش سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**1:9** رىم. 1:9؛ 2كور. 1:23؛ 11:31؛ گال. 1:20؛ فىل. 1:8؛ 1تىم. 2:5؛ 5:27.

4-3:9 **«ئۇلارغا ئوغۇللۇق ھوقۇقى،... ۋە تەۋرات ۋەدىلىرى نېسىۋە قىلىندى»** ــ «ئوغۇللۇق ھوقۇقى» دېگەكلىك، مەسىھ ئارقىلىق خۇداغا ئوغۇل بولۇشتىكى ئىمتىياز.

**4-3:9** مىس. 32:32؛ رىم. 10:1؛ مىس. 4:22؛ قان. 7:6؛ رىم. 2:17؛ 3:2؛ ئەف. 2:12.

5:9 **«ئۇلۇغ ئىبرانىي ئاتا-بوۋىلىرى»** ــ دېمەك، ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ، يۈسۈپ ۋە يەھۇدا قاتارلىقلار. **«جىسمانىي جەھەتتە مەسىھ ئۇلارنىڭ ئەجدادىدۇر»** ــ دېمەك، مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ **روھىي جەھەتتىمۇ** بار ئىدى ــ ئۇ ھەم ئىنساندىن (پاك ئىسرائىللىق قىز مەريەمدىن) ھەم مۇقەددەس روھدىن تۇغۇلغان. **«...مەسىھ ئۇلارنىڭ ئەجدادىدۇر. ئۇ بارلىق مەۋجۇدات ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرگۈچى، مەڭگۈ مۇبارەك خۇدادۇر. ئامىن!»** ــ روسۇل پاۋلۇسقا ئەڭ دەرد يەتكۈزىدىغان ئىش ــ مەسىھ ئىسرائىلدا تۇغۇلغان ۋە تولۇق خۇدالىق تەبىئىتى بولسىمۇ، ئىسرائىللار ئۆزلىرى ئۇنى، يەنى ئۆز مەسىھىنى ھېچ تونۇمايتتى.

**5:9** يەر. 23:6؛ يۇھ. 1:1؛ روس. 20:28؛ رىم. 1:4؛ ئىبر. 1:8، 9، 10.

چۈنكى ئىسرائىلدىن بولغانلارنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقىي ئىسرائىل
ھېسابلانمايدۇ؛ [7] شۇنىڭدەك، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولسىمۇ،
ھەممىسىلا ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى مۇقەددەس
يازمىلاردا ئىبراھىمغا: «ئىسھاقتىن تۆرەلگەنلەرلا سېنىڭ نەسلىڭ
ھېسابلىنىدۇ»-دېيىلگەن.
[8] دېمەك، جىسمانىي جەھەتتىن ئىبراھىمدىن تۆرەلگەن پەرزەنتلەر
خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى خۇدانىڭ ۋەدىسى
ئارقىلىق تۆرەلگەنلەر ئىبراھىمنىڭ ھەقىقىي نەسلى ھېسابلىنىدۇ.
[9] چۈنكى خۇدانىڭ بەرگەن ۋەدىسى مۇنداق ئىدى: «كېلەر يىلى مۇشۇ
چاغدا قايتىپ كېلىمەن، ساراھ بىر ئوغۇلغا ئانا بولىدۇ».
[10] ئۇنىڭ ئۈستىگە، رىۋكاھ بىر ئەردىن، يەنى ئەجدادىمىز
ئىسھاقتىن قوشكېزەككە ھامىلىدار بولغاندا، [11-12] پەرزەنتلىرى
تېخى تۇغۇلمىغاندا، ھېچقانداق ياخشى ياكى يامان
ئىشنىمۇ قىلماستا، خۇدا ئۆزىنىڭ ئادەملەرنى تاللاشتىكى
مۇددىئاسىنىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىش-ئەمەللىرىگە ئەمەس،
پەقەت چاقىرغۇچى بولغانىنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسلانغانلىقىنى
كۆرسىتىش ئۈچۈن، رىۋكاھغا: «چوڭى كىچىكىنىڭ خىزمىتىنى

---

**6:9** چۆل. 23:19؛ يۇھ. 8:39؛ رىم. 2:28؛ 3:3؛ 2تىم. 2:13.

**7:9 «ئىسھاقتىن تۆرەلگەنلەرلا سېنىڭ نەسلىڭ ھېسابلىنىدۇ»** ــ («يار.» 12:21). بۇ سۆز ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، تولۇق مەنىسى: «مەن ساڭا ۋەدە قىلغان ئەۋلادلىرىڭ، يەنى پۈتكۈل دۇنياغا بەختىمنى يەتكۈزىدىغان ئەۋلادلىرىڭ ئىسمائىلدىن ئەمەس، ئىسھاقتىنلا كېلىپ چىقىدۇ» دېگەندەك.

**7:9** يار. 12:21؛ گال. 3:29؛ 4:23؛ ئىبر. 11:18.

**8:9** گال. 4:28.

**9:9 «كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا قايتىپ كېلىمەن، ساراھ بىر ئوغۇلغا ئانا بولىدۇ»** ــ («يار.» 18:10، 14). بۇ ئايەتتە دېيىلگەن «ئوغۇل» ئىسھاق بولىدۇ.

**9:9** يار. 18:10.

**10:9** يار. 25:21.

قىلىدۇ» ــ دېيىلگەندى. [13] خۇددى يەنە مۇقەددەس يازمىلاردا
ئېيتىلغىنىدەك: «ياقۇپنى سۆيدۇم، ئەساۋدىن نەپرەتلەندىم».
[14] ئۇنداقتا، بۇلارغا نېمە دەيلى؟ خۇدادا ئادالەتسىزلىك بارمۇ؟
ھەرگىز يوق! [15] چۈنكى خۇدا مۇساغا مۇنداق دېگەن: ــ
«كىمگە رەھىم قىلغۇم كەلسە، شۇنىڭغا رەھىم قىلىمەن،
كىمگە ئىچ ئاغرىتقۇم كەلسە، شۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىمەن».
[16] دېمەك، بۇ ئىش ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە ياكى ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا
ئەمەس، بەلكى رەھىمدىللىق كۆرسەتكۈچى خۇداغا باغلىقتۇر. [17] چۈنكى
خۇدا مۇقەددەس يازمىلاردا پىرئەۋنگە مۇنداق دېگەن: ــ «مېنىڭ
سېنى تىكلىشىمدىكى مەقسەت دەل شۇكى، قۇدرىتىمنى ئۈستۈڭدە
كۆرسىتىش ھەمدە نامىمنىڭ پۈتكۈل جاھانغا جاكارلىنىشى».

---

12-11:9 **«خۇدا ئۆزىنىڭ ئادەملەرنى تاللاشتىكى مۇددىئاسىنىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىش-ئەمەللىرىگە ئەمەس، پەقەت چاقىرغۇچى بولغاننىڭ ئىرادىسىگە ئاساسلانغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن...»** ــ «چاقىرغۇچى بولغان» ــ خۇدا ئۆزى، ئەلۋەتتە. **«چوڭى كىچىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ»** ــ («يار.» 23:25). قوشكېزەكنىڭ كىچىكى ياقۇپ، چوڭى ئەساۋ بولىدۇ.

**12-11:9** يار. 23:25.

13:9 **«ياقۇپنى سۆيدۇم، ئەساۋدىن نەپرەتلەندىم»** ــ تەۋرات، «مال.» 1:2-3.

**13:9** مال. 1:2-3.

**14:9** قان. 4:32؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 10:34.

15:9 **«كىمگە رەھىم قىلغۇم كەلسە، شۇنىڭغا رەھىم قىلىمەن، كىمگە ئىچ ئاغرىتقۇم كەلسە، شۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىمەن»** ــ «مىس.» 19:33.

**15:9** مىس. 19:33.

17:9 **«چۈنكى خۇدا مۇقەددەس يازمىلاردا پىرئەۋنگە مۇنداق دېگەن:...»** ــ پىرئەۋن مىسىردىكى پادىشاھ بولۇپ، ئىسرائىللارنى قۇللۇقتا سالغان. ئۇ خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق كەلگەن پەرمانلىرىغا زور قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە بارغانسېرى خۇداغا قاراپ ئۆز كۆڭلىنى تاش قىلىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان. بىراق ئاخىر بېرىپ خۇدا ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، «مىسىردىن چىقىش»تا خاتىرىلەنگەندەك، «خۇدا پىرەۋننىڭ كۆڭلىنى قاتتىق قىلدى» (12:9) ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ياراتتى. **«مېنىڭ سېنى تىكلىشىمدىكى مەقسەت دەل شۇكى، قۇدرىتىمنى ئۈستۈڭدە كۆرسىتىش ھەمدە نامىمنىڭ پۈتكۈل جاھانغا جاكارلىنىشى»** ــ «مىس.»، 16:9.

**17:9** مىس. 16:9.

[18] دىمەك، خۇدا خالىغىنىغا رەھىم قىلىدۇ، خالىغىنىنى تاش يۈرەك قىلىدۇ.

## خۇدانىڭ غەزىپى ۋە شاپائىتى

[19] ئەمدى بەلكىم سەن ماڭا: «خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا خۇدا نېمە ئۈچۈن ئىنسانىنى ئەيىبلەيدۇ؟» ــ دېيىشىڭ مۇمكىن.
[20] بىراق، ئەي ئىنسان، خۇدا بىلەن تاكاللاشقۇدەك كىمسەن؟ قىلىپتا شەكىللەندۈرۈلۈۋاتقان نەرسە ئۆزىنى شەكىللەندۈرگۈچىگە: ــ
«مېنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق ياسىدىڭ؟» ــ دېيەلەمدۇ؟ [21] خۇمدانچىنىڭ
ئوخشاش بىر كاللەك لايدىن ئېسىل ئورۇنغا ئىشلىتىدىغان
قاچىمۇ، شۇنداقلا ئادەتتىكى ئورۇنغا ئىشلىتىدىغان قاچىمۇ
ياساش ھوقۇقى يوقمۇ؟ [22] خۇدا ئۆز غەزىپىنى كۆرسىتىشنى ۋە كۈچ-
قۇدرىتىنى تونۇتۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، غەزىپىگە لايىق بولغان،
ھالاكەتكە تەييارلانغان «قاچىلار»غا ئادەتتىن تاشقىرى سەۋرچانلىق
بىلەن كۆكسى-قارنىنى كەڭ قىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا نېمە
بوپتۇ؟ [23-24] ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ رەھىم-شەپقىتىنىڭ نىشانى
قىلغان ۋە شان-شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇشقا ئالدىنئالا تەييارلىغان
«قاچىلار»دا، يەنى ئۆزى يەھۇدىيلار ئارىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەللەر

---

**20:9** يەش. 16:29؛ 9:45؛ يەر. 6:18.

21:9 **«خۇمدانچىنىڭ ئوخشاش بىر كاللەك لايدىن ئېسىل ئورۇنغا ئىشلىتىدىغان قاچىمۇ، شۇنداقلا ئادەتتىكى ئورۇنغا ئىشلىتىدىغان قاچىمۇ ياساش ھوقۇقى يوقمۇ؟»** ــ «ئېسىل ئورۇنغا ئىشلىتىدىغان قاچىمۇ... ئادەتتىكى ئورۇنغا ئىشلىتىدىغان قاچىمۇ...» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ مەسىلەن، بىر قاچىدا ئۆي خوجايىنى شاراب ئىچىدۇ، باشقا بىر قاچىغا بالىنىڭ تەرەتلىرى ئېلىنىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئۆز ئىشلىتىش ئورنى بار، بىراق بۇلارنىڭ بىرى «ئېسىل» بىرى «ئادەتتىكى» دەپ ھېسابلىنىدۇ.

**21:9** 2تىم. 20:2.

22:9 **«ھالاكەتكە تەييارلانغان «قاچىلار»»** ــ ياكى «ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە تەييارلىغان «قاچىلار»».

**ئارىسىدىنمۇ چاقىرغان بىزلەردە شان-شەرىپىنىڭ چەكسىزلىكىنى
نامايان قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالىغان بولسا، بۇنىڭغا
نېمە بوپتۇ؟**
[25] **بۇ خۇددى خۇدانىڭ ھوشىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقىنىدەك: ــ
«ئەسلى خەلقىم ھېسابلانمىغان خەلقنى خەلقىم،
ئەسلى سۆيۈمگەنلەرنى سۆيگەنلىرىم دەيمەن»؛**
[26] **ۋە يەنە: ــ «بۇرۇن ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ خەلقىم ئەمەسسىلەر»
دېيىلگەن جايدا،
كەلگۈسىدە دەل شۇ جايدا ئۇلارغا «تىرىك خۇدانىڭ ئوغۇللىرى!»
دېگەن نام بېرىلىدۇ».**
[27] **يەشايا پەيغەمبەرمۇ ئىسرائىل توغرۇلۇق مۇنداق جاكارلىغانىدى: ــ**

---

24-23:9 **«خۇدا ئۆز غەزىپىنى كۆرسىتىشنى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى تونۇتۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، غەزىپىگە لايىق بولغان، ھالاكەتكە تەييارلانغان «قاچىلار»غا ئادەتتىن تاشقىرى سەۋرچانلىق بىلەن كۆكسى-قارنىنى كەڭ قىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ رەھىم-شەپقىتىنىڭ نىشانى قىلغان ۋە شان-شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇشقا ئالدىنئالا تەييارلىغان «قاچىلار»دا، يەنى ئۆزى يەھۇدىيلار ئارىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەللەر ئارىسىدىنمۇ چاقىرغان بىزلەردە شان-شەرىپىنىڭ چەكسىزلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالىغان بولسا، بۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟»** ــ (22-24-ئايەت) ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلسا بىلىدۇكى، پاۋلۇس ئۆزىنىڭ ئۇشبۇ مۇھىم سوئالىغا جاۋاب بەرمەيدۇ. سوئالنىڭ ئومۇمىي شەكلى: «خۇدا شۇنداق قىلىشنى خالىغان بولسا ئەمدى بىزنىڭ قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىش ھوقۇقىمىز بار؟» دېگەندەك. ئەينى ئەھۋال ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭكىدۇر. بىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى شۇكى، گۇناھىمىزدىن قۇتۇلۇشنى خالىساقلا، خۇدا ئۆزى مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ئارقىلىق تەييارلىغان توۋا قىلىش ئېتىقادلىق يولىنى ئالدىمىزغا ئوچۇق قىلدى.

25:9 **«ئەسلى خەلقىم ھېسابلانمىغان خەلقنى خەلقىم، ئەسلى سۆيۈمگەنلەرنى سۆيگەنلىرىم دەيمەن»** ــ «ھوش.» 23:2.

**25:9** ھوش. 25:2

26:9 **«بۇرۇن ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ خەلقىم ئەمەسسىلەر» دېيىلگەن جايدا، كەلگۈسىدە دەل شۇ جايدا ئۇلارغا «تىرىك خۇدانىڭ ئوغۇللىرى!» دېگەن نام بېرىلىدۇ»** ــ «ھوش.» 10:1.

**26:9** ھوش. 1:2؛ 1پېت. 10:2.

«ئىسرائىللارنىڭ سانى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك كۆپ بولسىمۇ،
لېكىن پەقەت بىرلا «قالدى» قۇتقۇزۇلىدۇ؛ [28] چۈنكى، پەرۋەردىگار
ئۆز ئىشىنى تۈگىتىۋېتىپ، ھەققانىيلىق بىلەن تېزدىن ئۇنى ئىجرا
قىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ يەر يۈزىدە ھۆكۈمىنى تەلتۆكۈس ۋە تېز ئىجرا
قىلىدۇ».
[29] يەشايا پەيغەمبەر يەنە ئالدىن ئېيتقىنىدەك: — «ئەگەر ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار بىزگە بىر نەسىل
قالدۇرمىغان بولسا، سودوم شەھىرىدەك، گومورا شەھىرىدەك
يوقالغان بولاتتۇق».

## ئىسرائىللارنىڭ پۇتلىشىپ كېتىشى

[30] ئۇنداقتا، بۇلارغا نېمە دېيىشىمىز كېرەك؟ ھەققانىيلىققا
ئىنتىلمىگەن ئەللىكلەر ھەققانىيلىققا، يەنى ئېتىقادقا
ئاساسلانغان بىرخىل ھەققانىيلىققا ئېرىشتى. [31] لېكىن ئىسرائىل
ھەققانىيلىقنى كۆرسەتكەن تەۋرات قانۇنىغا ئىنتىلگىنى بىلەن

**27:9** يەش. 22:10.

**28:9** **«ئىسرائىللارنىڭ سانى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك كۆپ بولسىمۇ، لېكىن پەقەت بىرلا «قالدى» قۇتقۇزۇلىدۇ؛ چۈنكى، پەرۋەردىگار ئۆز ئىشىنى تۈگىتىۋېتىپ، ھەققانىيلىق بىلەن تېزدىن ئۇنى ئىجرا قىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ يەر يۈزىدە ھۆكۈمىنى تەلتۆكۈس ۋە تېز ئىجرا قىلىدۇ»** — (27-28-ئايەت) «يەش.» 10:22-23. بەزى كونا كۆچۈرمە يازمىلاردا يەشايانىڭ بېشارىتى سەل قىسقىراق: «پەرۋەردىگار بۇ يەر يۈزى ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمىنى تەلتۆكۈس ۋە تېز ئىجرا قىلىدۇ» دەپ نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ.

**28:9** يەش. 22:10، 23.

**29:9** **«ئەگەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار بىزگە بىر نەسىل قالدۇرمىغان بولسا، سودوم شەھىرىدەك، گومورا شەھىرىدەك يوقالغان بولاتتۇق»** — «يەش.» 9:1. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا سودوم ۋە گومورا شەھەرلىرىنى رەزىللىكى تۈپەيلىدىن ئۈستىگە ئوت ۋە گۈنگۈرت ياغدۇرۇپ يوقاتقان («يار.» 19-باب).

**29:9** يار. 24:19؛ يەش. 9:1؛ 19:13؛ يەر. 40:50؛ ئەز. 46:16.

**30:9** **«ئەللىكلەر»** — يەنى «يەھۇدىي ئەمەسلەر».

قانۇنىنىڭ تەلىپىگە يېتەلمىدى.
[32] نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەققانىيلىققا ئىنتىلىشى
ئېتىقاد بىلەن ئەمەس، بەلكى «ساۋابلىق ئىشلار» بىلەن ئىدى.
ئۇلار «پۇتلىكاشاڭ تاش»قا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى؛ [33] خۇددى
مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك:
«خەلقنى پۇتلىشىدىغان پۇتلىكاشاڭ تاشنى،
ئادەمنى يىقىتىدىغان قورام تاشنى زىئونغا قويدۇم،
ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەرگىز يەرگە قارىتىلىپ قالماس».

10
[1] قېرىنداشلار، يۈرەك ئىنتىزارىم، شۇنداقلا خۇداغا
يېلىنىشىم ئىسرائىللارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈندۇر. [2] چۈنكى
شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۇلارنىڭ خۇداغا ھەقىقەتەنمۇ
قىزغىن ئىنتىلىشى بار، بىراق ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشى ھەقىقىي بىلىم

---

**31:9** رىم. 2:10؛ 7:11.
32:9 **«ئۇلارنىڭ ھەققانىيلىققا ئىنتىلىشى ئېتىقاد بىلەن ئەمەس، بەلكى «ساۋابلىق ئىشلار» بىلەن ئىدى»** ــ «ساۋابلىق ئىشلار»: ــ ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇ مەكتۇپتىن ھازىر ئايان بولىدۇكى، خۇدا ئالدىدا بىزگە ھېچ ئىش «ساۋاب» ھېسابلانمايدۇ؛ ھەققانىيلىق پەقەت ئۇ ئەۋەتكەن مەسىھكە باغلىغان ئېتىقاتتىن كېلىدۇ. شۇڭا «ساۋابلىق ئىشلار» («خۇدا بۇ ئىشلار ئارقىلىق ماڭا ساۋاب قوشۇپ بېرىدۇ» دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن بولساق) خۇدا ئالدىدا قەتئىي مەۋجۇت ئەمەستۇر.
33:9 **«ئادەمنى يىقىتىدىغان قورام تاشنى زىئونغا قويدۇم»** ــ «زىئون» دېگەن، يېرۇسالېمنىڭ ياكى ئىسرائىلنىڭ بىر شېئىرىي نامى. **«خەلقنى پۇتلىشىدىغان پۇتلىكاشاڭ تاشنى، ئادەمنى يىقىتىدىغان قورام تاشنى زىئونغا قويدۇم، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەرگىز يەرگە قارىتىلىپ قالماس»** ــ تولۇق بېشارەت «يەش.» 14:8، 16:28دە تېپىلىدۇ. ئوقۇرمەن بۇ ئايەتلەرنى ئۆزى ئوقۇسا ئۇنىڭدىن بۇ تاشنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ. ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلار ھەققانىيلىققا ئېرىشمەي يىقىلىدۇ؛ ئۇنى قوبۇل قىلغانلار ھەققانىي قىلىنىپ تىك تۇرىدۇ.
**33:9** زەب. 12:2؛ 22:118؛ پەند. 20:16؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛ يەر. 7:17؛ مات. 42:21؛ 1پېت. 6:2.

ئۇستىگە قۇرۇلغان ئەمەس. 3 چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىنى
بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىيلىقىنى
تىكلەشكە تىرىشىپ، خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىغا بويسۇنمىدى.
4 چۈنكى تەۋرات قانۇنىنىڭ نىشان-مەقسىتى مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر؛
شۇنىڭ بىلەن ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ھەققانىيلىق
بار بولدى.
5 چۈنكى تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشتىن كەلگەن ھەققانىيلىق
ھەققىدە مۇسا پەيغەمبەر مۇنداق يازغان: «قانۇنىنىڭ ئەمرلىرىگە
ئەمەل قىلغانلار شۇ ئىشلىرىدىن ھاياتلىق تاپىدۇ».
6 لېكىن ئېتىقادتىن بولغان ھەققانىيلىق مۇنداق دەيدۇ: ــ «كۆڭلۈڭدە:
ــ «كىم ئاسمانغا چىقار؟» (يەنى «كىم مەسىھنى ئاسماندىن ئېلىپ

---

2:10 **«ئۇلارنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ خۇداغا ھەقىقەتەنمۇ قىزغىن ئىنتىلىشى بار، بىراق ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشى ھەقىقىي بىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەمەس»** ــ «ھەقىقىي بىلىمگە ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەمەس»: يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ دىنىي مەزھەپىدىكىلەرگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم ئىش تەۋرات قانۇنى ئۈستىدىكى «بىلىم» ۋە «بىلىم ئاشۇرۇش» ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇسنىڭ بۇ سۆزى ئىشەنمىگەن يەھۇدىيلارغا بەك ئېغىر كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

**2:10** روس. 3:22؛ رىم. 31:9؛ گال. 17:4.

4:10 **«تەۋرات قانۇنىنىڭ نىشان-مەقسىتى مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر»** ــ گرېك تىلىدا «نىشان-مەقسەت» دېگەنىنىڭ «خاتىمە» دېگەن يەنە بىر مەنىسىمۇ بار. دېمەك، ئايەتنىڭ مەنىسى: (1) خۇدانىڭ تەۋرات قانۇنىدا بولغان مەقسىتى ئىنسانغا ئۆز گۇناھىنى تونۇتۇپ، مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇشىغا موھتاج بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى؛ شۇڭا خۇدا قانۇننى بەرگەن ۋاقتىدا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۆزلىگەنىدى؛ (2) مەسىھ ئۆزى تەۋرات قانۇنىنى مۇكەممەل ئەمەلگە ئاشۇردى، جۈملىدىن تەۋرات قانۇنى تەلەپ قىلغان، شۇنداقلا بېشارەت بەرگەن گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىقنى قىلدى؛ (3) مەسىھ تەۋرات قانۇنىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ھېچ تەلىپى قالمىدى (4:7نى كۆرۈڭ). مەزكۇر ئايەت بۇ مەنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**4:10** مات. 17:5؛ روس. 38:13؛ 2كور. 13:3؛ گال. 24:3.

5:10 **«قانۇنىنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلغانلار شۇ ئىشلىرىدىن ھاياتلىق تاپىدۇ»** ــ «لاۋ. 5:18 ۋە يەنە «قان.» 1:4، 24:6.

**5:10** لاۋ. 5:18؛ ئەز. 11:20؛ گال. 12:3.

**چۇشۇرەر؟»)** [7]**ۋە ياكى «ھاڭ تېگىگە كىم چۈشەر؟» (يەنى «مەسىھنى**
**ئۆلۈمدىن كىم قايتۇرار؟») ــ دېمىگىن».**
[8]**ئەمدى شۇ ھەققانىيلىق نېمە دەيدۇ؟ ــ «سۆز-كالام ساڭا يېقىندۇر،**
**تىلىڭدا ۋە دىلىڭدىدۇر!» ــ بۇ سۆز-كالام دەل بىز جاكارلايدىغان**
**ئېتىقادنىڭ سۆزىدۇر.** [9]**دېمەك، «ئەيسانىڭ رەب ئىكەنلىكىنى**
**ئاغزىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلساڭ ۋە قەلبىڭدە خۇدانىڭ ئۇنى ئۆلۈكلەر**
**ئارىسىدىن تىرىلدۈرگەنلىكىگە ئىشەنسەڭ، قۇتقۇزۇلىسەن»!**
[10]**چۈنكى ئىنسان قەلبىدە ئېتىقاد قىلىش بىلەن ھەققانىي قىلىنىدۇ،**
**ئېغىزىدا ئېتىراپ قىلىش بىلەن نىجاتقا ئېرىشىدۇ.** [11]**مۇقەددەس**

---

**6:10** قان. 30:12.

**7:10 «لېكىن ئېتىقادتىن بولغان ھەققانىيلىق مۇنداق دەيدۇ: ـــ كۆڭلۈڭدە: ـــ «كىم ئاسمانغا چىقار؟» يەنى «كىم مەسىھنى ئاسماندىن ئېلىپ چۈشۈرەر؟» ۋە ياكى «ھاڭ تېگىگە كىم چۈشەر؟» يەنى «مەسىھنى ئۆلۈمدىن كىم قايتۇرار؟» ـــ دېمىگىن» ـــ** (6-7-ئايەت) نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى ئايەت: ــ «قان.» 30:12ـ13.

—بۇ سىرلىق گەپلەرنىڭ ئاجايىب مەنىلىرى بەلكىم مۇنداق:

—(1) «كىممۇ ئاسمانغا چىقار؟» ــ «كىممۇ خۇدانىڭ ئاسمان پەلەكتەك يۇقىرى تەلەپ قىلغان ھەققانىيلىقىغا يېتەلىسۇن؟» دېگەنلىكتۇر. لېكىن ئەگەر بىرسى: «ھەققانىيلىقىم مۇكەممەل، «ئاسمانغا چىققاندەكمەن»» دېگەن بولسا، بۇ دېگىنى «مەن مەسىھكە ئوخشاش ھەققانىي» دېگەنگە باراۋەر بولۇپ، خۇدانىڭ مەسىھتە كۆرسەتكەن مۇكەممەل ھەققانىيلىقىغا ئاھانەت قىلغان بولىدۇ. بۇنداق دېيىشى بەرىبىر مەسىھنى ئۆزىنىڭ پەسكەش «ھەققانىيلىقى»نىڭ دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ، «مەسىھنى ئاسماندىن چۈشۈرمەكچى» بولغىنى.

—(2) «كىممۇ ھاڭنىڭ تېگىگە چۈشەر؟» دېيىشى، بىر كىشى ئۆز گۇناھىنىڭ بەدىلىنى تۆلىمەكچى بولۇپ دوزاختا بىر مەزگىل تۇرسام ئاندىن گۇناھىمدىن خالاس بولىمەن» دېمەكچى بولغىنى؛ بۇ، مەسىھنىڭ ئۆلۈمدە گۇناھىمىز ئۈچۈن جازا تارتىپ بەدەل تۆلىشىنىڭ ماڭا (شۇنداقلا ھېچكىمگە كېرىكى يوق؛ مۇشۇنداق دېگەن كىشى «مەسىھنى ئۆلۈمدىن كىم قايتۇرار» دېگەن بولىدۇ، يەنى «مەسىھنى ئۆلۈم يولىدىن قايتۇرۇش كېرەك، ئۇنىڭ ئۆلۈشى كېرەكسىز، ئەخمىقانە ئىشتۇر» دېگۈچى بولىدۇ.

—يىغىپ ئېيتقاندا، ھېچكىم ئۆزىگە تايىنىپ خۇدانىڭ مۇكەممەل ھەققانىيلىقىغا يېتەلمەيدۇ؛ ھېچكىم ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆزى بەدەل تولىيەلمەيدۇ.

**7:10** قان. 30:13

**8:10 «سۆز-كالام ساڭا يېقىندۇر، تىلىڭدا ۋە دىلىڭدىدۇر!»** ــ «قان.» 30:14.

**8:10** قان. 30:12-14.

يازمىلاردا دېيىلگەندەك؛ «ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ ھەربىرى
ھەرگىز يەرگە قارىتىلماس». [12] چۈنكى بۇ جەھەتتە يەھۇدىيلار بىلەن
گرېكلارنىڭ پەرقى يوق؛ ھەر ئىككىسىنىڭ رەببى ھەممىنىڭ رەببىدۇر
ۋە ئۆزىگە نىدا قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە مول بايلىقلىرىنى
ئايىمايدۇ. [13] چۈنكى: «كىمدىكىم رەببنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا
قىلسا قۇتقۇزۇلىدۇ».
[14] لېكىن رەبگە ئىشەنمىگەن كىشى قانداقمۇ ئۇنىڭغا نىدا قىلالىسۇن؟
ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلىمىغان كىشى قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن؟ خۇش
خەۋەر جاكارلىغۇچى بولمىسا، ئۇلار ئۇنى قانداقمۇ ئاڭلىيالىسۇن؟
[15] شۇ جاكارلىغۇچىلار ئەۋەتىلمىگەن بولسا، خۇش خەۋەرنى قانداقمۇ
يەتكۈزەلىسۇن؟ مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك: «ئامان-
خاتىرجەملىك توغرۇلۇق خۇش خەۋەرنى، بەخت-سائادەت توغرۇلۇق
خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەنلەرنىڭ ئاياغلىرى نېمىدېگەن گۈزەل-
ھە!».
[16] بىراق، خۇددى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ «ئى پەرۋەردىگار، بىزنىڭ

---

10:11 **«ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ ھەربىرى ھەرگىز يەرگە قارىتىلماس»** — «يەش.» 16:28.

**10:11** يەش. 16:28؛ رىم. 9:33.

10:12 **«چۈنكى بۇ جەھەتتە يەھۇدىيلار بىلەن گرېكلارنىڭ پەرقى يوق»** — دېمەك، «بۇ جەھەتتە (مەسىھ ئارقىلىق نىجاتقا ئېرىشىشتە) يەھۇدىيلار بىلەن يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ پەرقى يوق»

**10:12** روس. 15:9؛ رىم. 3:22.

10:13 **«كىمدىكىم رەببنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلسا قۇتقۇزۇلىدۇ»** — «يو.» 2:32.

**10:13** يو. 2:32؛ روس. 2:21.

10:15 **«ئامان-خاتىرجەملىك توغرۇلۇق خۇش خەۋەرنى، بەخت-سائادەت توغرۇلۇق خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەنلەرنىڭ ئاياغلىرى نېمىدېگەن گۈزەل-ھە!»** — «يەش.» 52:7، «ناھ.» 1:15. مەنىسى بەلكىم «خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنلەر كەلگەندەك ۋاقىتدا كەلگەن!» دېگەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
—بەزى كونا كۆچۈرمە يازمىلاردا «بەخت-سائادەت توغرۇلۇق خۇش خەۋەرنى...» دېگەن سۆزلەر تېپىلمايدۇ.

**10:15** يەش. 52:7؛ ناھ. 2:1.

خەۋىرىمىزگە كىممۇ ئىشەندى؟» دېگىنىدەك ھەممە ئادەم خۇش
خەۋەرگە ئىتائەت قىلغان ئەمەس. [17] شۇڭا ئېتىقاد خەۋەرنى ئاڭلاشتىن
كېلىدۇ ۋە شۇ خەۋەر مەسىھ توغرۇلۇق سۆزدە ئاڭلىتىلىدۇ.
[18] لېكىن شۇنى سورايمەنكى، ئۇلار شۇ خەۋەرنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟
ئەلۋەتتە ئاڭلىدى: ــ «ئۇلارنىڭ ساداسى پۈتكۈل دۇنياغا،
سۆزلىرى يەر يۈزىنىڭ قەرلىرىگە يەتتى».
[19] يەنە شۇنى سورايمەنكى، ئىسرائىللار شۇ خەۋەردىن ۋاقىپ
بولمىغانمىدۇ؟ ئالدى بىلەن، مۇسا ئىسرائىلغا مۇنداق بېشارەت
بەرگەن: ــ
««ھېچ خەلق ئەمەس» بولغان بىر خەلق ئارقىلىق سىلەردە ھەسەت
قوزغايمەن،

---

16:10 **«ئى پەرۋەردىگار، بىزنىڭ خەۋىرىمىزگە كىممۇ ئىشەندى؟»** ــ «يەش.» 1:53.

**16:10** يەش. 1:53؛ يـۇھ. 38:12.

17:10 **«...ئېتىقاد خەۋەرنى ئاڭلاشتىن كېلىدۇ ۋە شۇ خەۋەر مەسىھ توغرۇلۇق سۆزدە ئاڭلىتىلىدۇ»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمە يازمىلار: «... ئېتىقاد خەۋەرنى ئاڭلاشتىن كېلىدۇ ۋە شۇ خەۋەر خۇدانىڭ سۆزىدە ئاڭلىتىلىدۇ» دېيىلىدۇ.

18:10 **«لېكىن شۇنى سورايمەنكى، ئۇلار شۇ خەۋەرنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئاڭلىدى...»** ــ بەزى ئالىملار مۇشۇ يەردىكى «ئۇلار»نى ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن كېيىنكى ئايەت ئالاھىدە ئىسرائىللارنىڭ «ئاڭلىشى» توغرۇلۇق بولغاچقا، «ئۇلار»نى دۇنيادىكى بارلىق ئادەملەر، يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىي ئەمەسلەرنىمۇ كۆرسەتسە كېرەك، دەپ قارايمىز. بۇ ئايەتنى شۇنداق چۈشىنىمىزكى، «ھەممە ئادەم ئاڭلىغان؛ شۇڭا، يەھۇدىي خەلقىمۇ چوقۇم ئاڭلىغان». **«ۇلارنىڭ ساداسى پۈتكۈل دۇنياغا، سۆزلىرى يەر يۈزىنىڭ قەرلىرىگە يەتتى»** ــ «زەب.» 4:19. زەبۇردىكى بۇ سۆزلەر ئەسلى ئاسماندىكى نۇرلۇق جىسىملار خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بارلىق ئالەمگە ئېپادىلىگەنلىكى توغرۇلۇق ئىدى. روسۇل پاۋلۇس بۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەر دۇنيادىكى ھەر يەرلەرگە يورۇتۇلۇپ تارقىتىلماقتا، دېمەكچى

**18:10** زەب. 4:19

**نادان بىر خەلق ئارقىلىق غەزىپىڭلارنى قوزغايمەن».**
**[20] كېيىن، يەشايا پەيغەمبەر ئىنتايىن يۈرەكلىك ھالدا شۇ بېشارەتنى بېرىپ: ــ**
**«ئۆزۈمگە ئىنتىلمىگەنلەرگە ئۆزۈمنى تاپقۇزدۇم،**
**مېنى سورىمىغانلارغا ئۆزۈم كۆرۈندۇم» ــ دېدى.**
**[21] لېكىن، ئۇ ئىسرائىللار ھەققىدە: ــ**
**«مەن كۈن بويى بۇ ئىتائەتسىز ۋە تەرسا خەلققە قوللىرىمنى ئۇزىتىپ ئىنتىلىپ كەلدىم!» ــ دەيدۇ.**

---

19:10 **««ھېچ خەلق ئەمەس» بولغان بىر خەلق ئارقىلىق سىلەردە ھەسەت قوزغايمەن، نادان بىر خەلق ئارقىلىق غەزىپىڭلارنى قوزغايمەن»** ــ «قان.» 21:32. دېمەك، باشقا ئەللەر ئاڭلىغان، قوبۇل قىلغان يەردە، ئىسرائىل چوقۇم چۈشەنگەن. ئىسرائىللار ئەسلى «نادان، بىلىمسىز، خۇداسىز» دەپ ھېسابلىغان يەھۇدىي بولمىغان ھەرقايسى يات مىللەتتىن بولغان ئىشەنگۈچى كىشىلەرنىڭ خۇش خەۋەرگە ئىشەنگەچكە «خۇدانىڭ يېڭى خەلقى» بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بەختىنى كۆرۈپ ھەسەت قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا غەزەپلىنىدۇ. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ «ھېچ خەلق ئەمەس» دېگەن سۆزى كەلگۈسى زاماندا ھاسىل قىلىنىدىغان مەسىھنىڭ جامائىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەرقايسى مىللەتلەردىن كەلگەچكە، بىرىنچىدىن ئۇلار «بىر خەلق» ياكى «بىر ئەل» بولالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەھۇدىيلار كۆپ بولمايدۇ. ئۇلار ھەرخىل كىشىلەردىن تەركىب تاپقاچقا، يەھۇدىيلار ئۇلارنى «بىر خەلق» ياكى «بىر ئەل» ھېسابلىمايدۇ ھەم «ھېچ خەلق ئەمەسلەر» دەپ قارايدۇ.

**19:10** قان. 21:32.

20:10 **«ئۆزۈمگە ئىنتىلمىگەنلەرگە ئۆزۈمنى تاپقۇزدۇم، مېنى سورىمىغانلارغا ئۆزۈم كۆرۈندۇم»** ــ «يەش.» 1:65

**20:10** يەش. 1:65.

21:10 **«مەن كۈن بويى بۇ ئىتائەتسىز ۋە تەرسا خەلققە قوللىرىمنى ئۇزىتىپ ئىنتىلىپ كەلدىم!»** ــ «يەش.»، 2:65.

**21:10** يەش. 2:65.

## خۇدانىڭ ئىسرائىل توغرۇلۇق مەقسىتىنىڭ ئاخىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى

11 [1] ئۇنداقتا، شۇنى سورايمەنكى: ــ خۇدا ئۆز خەلقىدىن
ۋاز كەچتىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! مەنمۇ ئىبراھىم
ئەۋلادىدىن، بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئىسرائىلغۇ!
[2] خۇدا ئالدىن كۆڭلىگە پۈككەن ئۆز خەلقىدىن ۋاز كەچكىنى يوق.
مۇقەددەس يازمىلاردا ئىلياس پەيغەمبەر ھەققىدە نېمە دېيىلگەنلىكى
سىلەرگە ئايان ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئىسرائىللاردىن ئازار چېكىپ خۇداغا
يېلىنىپ: ــ [3] «ئى پەرۋەردىگار، ئۇلار سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭنى
ئۆلتۈرۈشتى، قۇربانگاھلىرىڭنى چېقىشتى. پەقەت ئۆزۈم يالغۇزلا
قالدىم، ئۇلار يەنە مېنىڭمۇ جېنىمنى ئالماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ»،
دېگەن. [4] خۇدانىڭ ئۇنىڭغا قايتۇرغان كالامى قانداق بولدى؟ ئۇ:
«بائالغا تىز پۈكمىگەن يەتتە مىڭ ئادەمنى ئۆزۈمگە ئېلىپ قالدىم»
ــ دېگەن.
[5] خۇددى شۇنىڭدەك، بۈگۈنكى كۈندىمۇ خۇدانىڭ شاپائىتى بىلەن
ئىسرائىلدىن ئۆزى تاللىغان بىر «قالدى» بار. [6] ئۇلارنىڭ تاللىنىشى
شاپائەت بىلەن بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۆزلىرىنىڭ ئەجىر-ئەمىلى
بىلەن بولغان ئەمەس. ئەمەللەردىن بولغان بولسا، شاپائەت شاپائەت

---

**1:11** يەر. 37:31؛ 2كور. 22:11؛ فىل. 5:3.

**2:11** «**خۇدا ئالدىن كۆڭلىگە پۈككەن ئۆز خەلقىدىن ۋاز كەچكىنى يوق**» ــ «خۇدا ئالدىن كۆڭلىگە پۈككەن (بىلگەن) خەلقى» ــ بەلكىم: «خۇدا ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز خەلقى بولۇش ئۈچۈن تاللىغان خەلق» دېگەن مەنىدە.

**3:11** 1پاد. 10:19، 14.

**4:11** «**بائالغا تىز پۈكمىگەن يەتتە مىڭ ئادەمنى ئۆزۈمگە ئېلىپ قالدىم**» ــ «1پاد. 10:19، 14.

ــ ــ«بائال» بىر بۇت ئىدى. «7000 ئادەم»، ئەر كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**4:11** 1پاد. 18:19.

**5:11** رىم. 27:9.

بولماي قالاتتى.

7 نەتىجىدە قانداق بولدى؟ ئىسرائىللار ئىزدىگىنىنگە ئېرىشەلمىدى،
لېكىن ئۇلاردىن تاللانغانلار ئېرىشتى. قالغانلارنىڭ بولسا، كۆڭۈللىرى
بىخۇدلاشتۇرۇلدى. 8 خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا ئېيتىلغىنىدەك: ــ
«خۇدا ئۇلارنىڭ روھ-قەلبىنى غەپلەتكە سالدى،
بۈگۈنگە قەدەر كۆزلىرىنى كۆرمەس،
قۇلاقلىرىنى ئاڭلىماس قىلدى».
9 شۇنىڭدەك داۋۇت پەيغەمبەرمۇ مۇنداق دېگەن:
«ئۇلارنىڭ داستىخىنى ئۆزلىرىگە قاپقان ۋە تۇزاق بولۇپ،
ئۇلارنى پۇتلاشتۇرۇپ، قىلمىشلىرىنى ئۆز بېشىغا چۈشۈرسۇن!
10 كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، كۆرەلمىسۇن؛

---

6:11 **«خۇددى شۇنىڭدەك، بۈگۈنكى كۈندىمۇ خۇدانىڭ شاپائىتى بىلەن ئىسرائىلدىن ئۆزى تاللىغان بىر «قالدى» بار. ئۇلارنىڭ تاللىنىشى شاپائەت بىلەن بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۆزلىرىنىڭ ئەجىر-ئەمىلى بىلەن بولغان ئەمەس. ئەمەللەردىن بولغان بولسا، شاپائەت شاپائەت بولماي قالاتتى»** ــ (5-6-5ئايەت) خۇدا تەۋراتتىكى بىرنەچچە يەرلەردە «سەن ئىسرائىلنى شاپائىتىم بىلەن تاللىغانمەن» دېگەنىدى (مەسىلەن، «قان.» 7:7نى كۆرۈڭ). مۇشۇ يەردە روسۇل پاۋلۇس: خۇدا شاپائىتى بويىچە ئىسرائىللار ئىچىدىن «بىر قالدى»نى تاللىغان، دەيدۇ. ئىنسان خۇدانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە پۈتۈنلەي لاياقەتسىز تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مەدەتكە ئېرىشسە، مانا بۇ «خۇدانىڭ شاپائىتى» بولىدۇ. خۇدا ئىسرائىللارنى ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر ياخشى ياكى ئۇلۇغ ئەمىلىگە قاراپ تاللىغان بولسا، ئۇنداقتا خۇدانىڭ تاللىشى «شاپائەت»تىن بولمىغان بولاتتى.

**6:11** قان. 4:9.

7:11 **«نەتىجىدە قانداق بولدى؟ ئىسرائىللار ئىزدىگىنىنگە ئېرىشەلمىدى، لېكىن ئۇلاردىن تاللانغانلار ئېرىشتى. قالغانلارنىڭ بولسا، كۆڭۈللىرى بىخۇدلاشتۇرۇلدى»** ــ دېمەك، ئىسرائىللار ئىزدىگەن ھەققانىيلىققا ھەممىسلا ئېرىشەلمىگەن ئەمەس؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خۇدانىڭ شاپائەتى بىلەن خۇدا تاللىغان «قالدى»لار ھەققانىيلىققا ئېرىشكەن.

**7:11** رىم. 31:9.

8:11 **«خۇدا ئۇلارنىڭ روھ-قەلبىنى غەپلەتكە سالدى، بۈگۈنگە قەدەر كۆزلىرىنى كۆرمەس، قۇلاقلىرىنى ئاڭلىماس قىلدى»** ــ «قان.» 4:29 ھەم «يەش.» 10:29.

**8:11** قان. 2:29؛ يەش. 9:6؛ 10:29؛ ئەز. 2:12؛ مات. 14:13؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ يۇھ. 40:12؛ روس. 26:28.

**9:11** زەب. 22:69.

بەللىرىنى مەڭگۈ رۇسلاتماي پۈكۈلدۈرگەيسەن!»

11 ئۇنداقتا، شۇنىمۇ سورايكى: ئىسرائىللار يىقىلىپ قايتىدىن تۇرغۇزۇلماسلىقتا پۇتلاشقانمۇ؟
ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! لېكىن ئۇلارنىڭ تېيىلىپ ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقىدىن نىجات يات ئەللىكلەرگە يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئىسرائىللارنى ھەسەتكە قوزغاشتىن ئىبارەتتۇر.
12 ئەمدى ئۇلارنىڭ تېيىلىپ ئىتائەتسىزلىك قىلىشى دۇنياغا ئاسايىشلىق بەخش ئەتكەن بولسا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ زىيان تارتقىنى ئەللەرنى بېيىتقان بولسا، ئۇنداقتا كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق نىجاتلىقىقا ئېرىشىشى دۇنياغا تېخىمۇ زور بەخت ئېلىپ كەلمەمدۇ؟!

## يەھۇدىي ئەمەسلار تەكەببۇرلاشماسلىقى كېرەك

13 ئەمدى سىلەر ئەللىكلەرگە سۆزلەۋاتىمەن؛ مەن ئەللىكلەرگە روسۇل سۈپىتىدە بېكىتىلگەندىن كېيىن، ۋەزىپەمنى شان-شەرەپلىك دەپ

10:11 «ئۇلارنىڭ داستىخىنى ئۆزلىرىگە قاپقان ۋە تۇزاق بولۇپ، ئۇلارنى پۇتلاشتۇرۇپ، قىلمىشلىرىنى ئۆز بېشىغا چۈشۈرسۇن! كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، كۆرەلمىسۇن؛ بەللىرىنى مەڭگۈ رۇسلاتماي پۈكۈلدۈرگەيسەن!» — (9-10-ئايەت) «زەب.» 69:22-23.
بۇ، داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ شۇنداقلا خۇدانىڭ سۆزى، داۋۇتنىڭ (ۋە شۇنداقلا مەسىھنىڭ) دۈشمەنلىرى توغرۇلۇق ئېيتىلغان. بۇ 69-كۈيىنىڭ ھەممىسى مەسىھ توغرۇلۇق بېشارەتتۇر.
10:11 زەب. 69:22-23
11:11 «... ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! لېكىن ئۇلارنىڭ تېيىلىپ ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقىدىن نىجات يات ئەللىكلەرگە يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئىسرائىللارنى ھەسەتكە قوزغاشتىن ئىبارەتتۇر» — يۇقىرىدا ئىزاھاتتا دېگىنىمىزدەك، ئىسرائىللار مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان «يات ئەللەر»نىڭ بەختىنى كۆرۈپ ھەسەت قىلىدۇ.
12:11 «ئەمدى ئۇلارنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ تېيىلىپ ئىتائەتسىزلىك قىلىشى دۇنياغا ئاسايىشلىق بەخش ئەتكەن بولسا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ زىيان تارتقىنى ئەللەرنى بېيىتقان بولسا...» — «ئەللەر» — يەھۇدىي ئەمەسلەر، «يات ئەللەر».

ئۇلۇغلايمەنكى، [14] جانجىگەرلىرىم بولغانلارنىڭ ھەسىتىنى قوزغاپ،
ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قۇتۇلدۇرارمەنمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بولىمەن.
[15] چۈنكى ئۇلارنىڭ تاشلىۋېتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دۇنيادىكى
ئەللەرنى خۇدا بىلەن ئىناقلاشتۇرۇش بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ قوبۇل
قىلىنىشى ئۆلۈمدىن تىرىلىش بولماي نېمە؟
[16] ھوسۇلدىن تۇنجى بولۇپ چىققان خېمىردىن بىر كاللىكى مۇقەددەس
ھېسابلانسا، پۈتۈن خېمىر مۇقەددەس دەپ ھېسابلىنىدۇ. دەرەخنىڭ
يىلتىزى مۇقەددەس بولسا، شاخلىرىمۇ مۇقەددەس بولىدۇ.
[17] زەيتۇن دەرىخىنىڭ بىرنەچچە شېخى دەرۋەقە سۇندۇرۇۋېتىلگەندى،
ۋە سەن ياۋا زەيتۇن كۆچىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇلاندىڭ. مانا
ئەمدى دەرەخ يىلتىزىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ، مول شىرنىسىدىن
بەھرىمەن بولغۇچى بولغانىكەنسەن، [18] ئەمدى سۇندۇرۇۋېتىلگەن

---

13:11 **«سىلەر ئەللىكلەرگە»** — دېمەك، «سىلەر يەھۇدىي ئەمەس بولغانلارغا». **«مەن ئەللىكلەرگە روسۇل سۈپىتىدە بېكىتىلگەندىن كېيىن، ۋەزىپەمنى شان-شەرەپلىك دەپ ئۇلۇغلايمەنكى، ...»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا روسۇل پاۋلۇسنى (گەرچە ئۇ «يەھۇدىيلارنىڭ يەھۇدىيسى» بولسىمۇ) يەھۇدىي ئەمەس بولغان ئەل-مىللەتلەرگە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ئالاھىدە ئەۋەتكەن.

**13:11** روس. 9:15؛ 13:2؛ 22:21؛ گال. 1:16؛ 2:8؛ ئەف. 3:8؛ 1تىم. 2:7؛ 2تىم. 1:11.

14:11 **«جانجىگەرلىرىم بولغانلارنىڭ ھەسىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قۇتۇلدۇرارمەنمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بولىمەن»** — «جانجىگەرلىرىم بولغانلار» گرېك تىلىدا «مېنىڭ ئەتلىرىم بولغانلار» — ئۆزىنىڭ يەھۇدىي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ.

16:11 **«ھوسۇلدىن تۇنجى بولۇپ چىققان خېمىردىن بىر كاللىكى مۇقەددەس ھېسابلانسا، پۈتۈن خېمىر مۇقەددەس دەپ ھېسابلىنىدۇ. دەرەخنىڭ يىلتىزى مۇقەددەس بولسا، شاخلىرىمۇ مۇقەددەس بولىدۇ»** — مۇشۇ يەردە «مۇقەددەس»نىڭ بىرىنچى مەنىسى «خۇداغا ئاتالغان»، شۇنىڭ بىلەن «پاك» دېگەن مەنىدە. بىرىنچى جۈملىنىڭ كۆچمە مەنىسى بەلكىم «ئەگەر ئىسرائىللارنىڭ ئەجدادلىرى، يەنى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار خۇداغا ئاتالغان بولسا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ خۇداغا ئاتالغان بولىدۇ» دېگەن بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە پاۋلۇس ئىسرائىلنى بىر «زەيتۇن دەرىخى»گە ئوخشىتىدۇ («يەر.» 11:16-19نى كۆرۈڭ).

**16:11** چۆل. 20:15

17:11 **«زەيتۇن دەرىخىنىڭ بىرنەچچە شېخى دەرۋەقە سۇندۇرۇۋېتىلگەندى، ۋە سەن ياۋا زەيتۇن كۆچىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇلاندىڭ»** — دېمىسەكمۇ، «زەيتۇن دەرىخى»

ئاشۇ شاخلاردىن ئۆزۈڭنى ئۈستۈن قىلىپ ماختانما. ماختانساڭ،
شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، سەن يىلتىزنى ئەمەس، يىلتىز سېنى كۆتۈرۈپ
قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ.
[19] سەن ئەمدى: «شاخلار مېنىڭ ئۇلىنىشىم ئۈچۈن سۇندۇرۇۋېتىلدى»
ــ دېيىشىڭ مۇمكىن.
[20] توغرا، ئۇلار ئېتىقادسىزلىقتىن سۇندۇرۇلدى؛ سەن بولساڭ،
ئېتىقادىڭ بىلەن تىك تۇرىسەن؛ بىراق ئۇنىڭدىن مەغرۇرلانما،
ئەكسىچە خۇدادىن قورق! [21] چۈنكى خۇدا ئەينى ۋاقىتتا بۇ دەرەخنىڭ
ئۆز شاخلىرىنى ئايىمىغانىكەن، سېنىمۇ ئايىماسلىقى مۇمكىن
.[22] مانا، بۇ ئىشلاردا خۇدانىڭ مېھرىبانلىقىغا ھەمدە قاتتىق قول
ئىكەنلىكىگە قارا. ئۇ ئۆز يولىدىن يىقىلىپ چۈشكەنلەرگە قاتتىق
قول ئىدى، لېكىن ساڭا (مېھرىبانلىقىدا داۋاملىق تۇرساڭلا)
مېھرىبانلىق كۆرسەتمەكتە. ئۇنداق بولمىغاندا، سەنمۇ كېسىپ
تاشلىنىسەن. [23] يەھۇدىيلارمۇ ئېتىقادسىزلىقتا چىڭ تۇرۇۋالمىسا،
ئەسلىدىكى دەرەخكە ئۇلىنىدۇ. چۈنكى خۇدا ئۇلارنى قايتا ئۇلاشقا قا
دىردۇر. [24] چۈنكى ئەگەر سەن ياۋا زەيتۇن دەرىخىدىن كېسىپ ئېلىنىپ،
تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا باغدىكى ياخشى زەيتۇن دەرىخىگە
ئۇلانغان يەردە، ئەسلىدىكى بۇ تەبىئىي شاخلارنىڭ ئۆز دەرىخىگە
ئۇلىنىشى تېخىمۇ مۇمكىنغۇ؟!

---

ئىسرائىلغا، «ئۇلانغان ياۋا زەيتۇن كۆچىتى» مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان يەھۇدىي ئەمەسلەرگە، «زەيتۇن دەرىخىنىڭ سۇندۇرۇۋېتىلگەن شاخلىرى» بولسا ئىسرائىللار ئارىسىدىن مەسىھكە ئېتىقاد قىلمىغاچقا، خۇدانىڭ بەخت-بەرىكەتلىرىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان يەھۇدىيلارغا ۋەكىل بولىدۇ.
**«مانا ئەمدى دەرەخ يىلتىزىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ، مول شىرىنىسىدىن بەھرىمەن بولغۇچى بولغانىكەنسەن،»** ــ بۇنىڭ كۆچمە مەنىسى بەلكىم: «سەن خۇددى دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ، شىرىنىسىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان شېخىدەك، خۇدا ئىبراھىمغا ۋەدە قىلغان بەختتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىسەن» دېگەنلىك بولسا كېرەك.
21:11 **«خۇدا ئەينى ۋاقىتتا بۇ دەرەخنىڭ ئۆز شاخلىرىنى ئايىمىغانىكەن»** ــ «بۇ دەرەخنىڭ ئۆز شاخلىرى» يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.
**23:11** 2كور. 16:3.

## خۇدانىڭ مېھرىبانلىقى پۈتكۈل ئىنسان ئۈچۈندۇر

[25] قېرىنداشلار، ئۆزۈڭلارنى ئۇستۇن ۋە ئەقىللىق چاغلاشتىن
ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ۋەھيي قىلىنغان شۇ سىردىن خەۋەرسىز
قېلىشىڭلارنى خالىمايمەنكى، تا خۇدا تاللىغان يەھۇدىي
ئەمەسلەرنىڭ سانى تولۇقلانغۇچە، ئىسرائىلنىڭ بىر قىسمى تاش
يۈرەكلىككە قالدۇرۇلىدۇ؛ [26] ئاندىن پۈتكۈل ئىسرائىل قۇتقۇزۇلىدۇ.
بۇ توغرۇلۇق مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان: ــ
«قۇتقۇزغۇچى زىئوندىن كېلىپ،
ئىپلاسلىقنى ياقۇپتىن يوق قىلىدۇ.
[27] مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكىنىمدە،
مانا بۇ ئۇلار بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم بولىدۇ».
[28] ئەمدى خۇش خەۋەر جەھەتتىن قارىغاندا، سىلەرنىڭ بەختىڭلار
ئۈچۈن يەھۇدىي خەلقى خۇش خەۋەرگە دۈشمەن قىلىپ بېكىتىلگەن؛
بىراق خۇدانىڭ تاللىشى جەھەتتىن قارىغاندا، ئاتا-بوۋىلىرىمىز
سەۋەبىدىن سۆيۈلگەندۇر. [29] چۈنكى خۇدا ئۆزى بەرگەنلىرىنى ۋە
چاقىرىقىنى قايتۇرۇۋالمايدۇ.
[30] سىلەر ئەللىكلەرمۇ بىر چاغلاردا خۇداغا ئىتائەت قىلمىغان
بولساڭلارمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكىنىڭ نەتىجىسىدە

---

25:11 **«ئۆزۈڭلارنى... ئەقىللىق چاغلاشتىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن...»** ــ گرېك تىلىدا «ئۆزۈڭلارنى ئۇستۇن ۋە ئەقىللىق چاغلاشلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن...» دېيىلىدۇ. يەھۇدىي ئەمەسلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ: «بىز قۇتۇلدۇق، ئۇلار خۇدانىڭ لەنىتى ئاستىدا قالدۇ» دەپ تەكەببۇرلىشىشى مۇمكىن.

**25:11** لۇقا 24:21.

26:11 **«قۇتقۇزغۇچى زىئوندىن كېلىپ، *ئىپلاسلىقنى ياقۇپتىن يوق قىلىدۇ»** ــ «ياقۇپ» مۇشۇ يەردە ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسرائىلنى كۆرسىتىدۇ. بىشارەت «يەش.» 20:59، 21نى كۆرۈڭ.

**26:11** زەب. 7:14؛ يەش. 9:27؛ 20:59؛ يەر. 31:31، 32، 33، 34؛ 2كور. 16:3؛ ئىبر. 8:8؛ 16:10.

27:11 **«...مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكىنىمدە، مانا بۇ ئۇلار بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم بولىدۇ»** ــ 26-27-ئايەتتىكى بىشارەت سۆزلىرى «يەش.» 20:59، 21، 9:27تىن ۋە «يەر.» 33:31-34تىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

**27:11** يەش. 20:59، 21؛ دان. 24:9.

ھازىر رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشتىڭلار. [31] يەھۇدىيلار بولسا ئىتائەت
قىلماي كېلىۋاتىدۇ؛ خۇدانىڭ بۇنىڭدىكى مەقستى، سىلەرگە
كۆرسەتكەن رەھىم-شەپقەت ئارقىلىق ئۇلارنىمۇ رەھىم-شەپقەتكە
ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. [32] چۈنكى خۇدا پۈتكۈل ئىنسانغا رەھىم-
شەپقەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەممەيلەننى ئىتائەتسىزلىككە سولاپ
قويدى.

[33] — ئاھ! خۇدانىڭ دانالىقى ۋە ئىلىم-ھېكمىتىنىڭ بىباھا بايلىقلىرى
ھەم ھېسابسىز چوڭقۇرلۇقى!
ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولماس!
ئۇنىڭ يوللىرى ئىزدەپ تېپىشتىن شۇنچە يىراقتۇر!
[34] «كىممۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئوي-مۇددىئالىرىنى چۈشىنىپ يەتتى؟
كىممۇ ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولالىدى؟»
[35] «ئۇنىڭغا كىم ئاۋۋال بىر نەرسە بېرىپ،
كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ بەر دېيەلىدى؟».
[36] چۈنكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭدىن كەلگەن،
ئۇ ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ،

---

31:11 **«يەھۇدىيلار بولسا ئىتائەت قىلماي كېلىۋاتىدۇ؛ خۇدانىڭ بۇنىڭدىكى مەقستى، سىلەرگە كۆرسەتكەن رەھىم-شەپقەت ئارقىلىق ئۇلارنىمۇ رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر»** — دېمەك، يۇقىرىدا ئېزاھلىغىنىمىزدەك، يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئىشەنگۈچىلەرنىڭ بەختىگە قارىغاچقا، ئۆزلىرى توۋا قىلىپ مەسىھنى قوبۇل قىلىسۇن.

32:11 **«چۈنكى خۇدا پۈتكۈل ئىنسانغا رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەممەيلەننى ئىتائەتسىزلىككە سولاپ قويدى»** — «ھەممەيلەن» يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**32:11** گال. 22:3.

34:11 **«كىممۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئوي-مۇددىئالىرىنى چۈشىنىپ يەتتى؟ كىممۇ ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولالىدى؟»** — «يەش.» 13:40.

**34:11** يەش. 13:40؛ 1كور. 16:2.

35:11 **«ئۇنىڭغا كىم ئاۋۋال بىر نەرسە بېرىپ، كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ بەر دېيەلىدى؟»** — «ئايۇپ» 11:41.

**35:11** ئايۇپ 3:41.

ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.
بارلىق شان-شەرەپ ئەبەدگىچە ئۇنىڭغا بولغاي! ئامىن.

## ئېتىقادچىنىڭ ئۆزىنى خۇداغا ئاتىشى

12 [1] شۇڭا، ئەي قېرىنداشلار، خۇدانىڭ رەھىمدىللىقى بىلەن
سىلەردىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، تېنىڭلارنى مۇقەددەس،
خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان، تىرىك قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۇنىڭغا
بېغىشلاڭلار. مانا بۇ سىلەرنىڭ خۇداغا قىلىدىغان ھەقىقىي ئىباد
ەتىڭلاردۇر. [2] بۇ دۇنيانىڭ قېلىپىغا كىرىپ قالماڭلار، بەلكى ئوي-
پىكىرىڭلارنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن ئۆزگەرتىلىڭلار؛ ئۇنداق قىلغاندا
خۇدانىڭ ياخشى، قوبۇل قىلارلىق ۋە مۇكەممەل ئىرادىسىنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بىلەلەيسىلەر.
[3] ماڭا ئاتا قىلىنغان شاپائەتكە ئاساسەن ھەربىرىڭلارغا شۇنى
ئېيتىمەنكى، ئۆزۈڭلار توغرۇلۇق ئۆزەڭلاردا بار بولغىنىدىن ئارتۇق
ئويلىماي، بەلكى خۇدا ھەربىرىڭلارغا تەقسىم قىلغان ئېتىقادىڭ
مىقدارىغا ئاساسەن سالماقلىق بىلەن ئۆزۈڭلارنى دەڭسەپ كۆرۈڭلار.
[4] چۈنكى تېنىمىز كۆپلىگەن ئەزالاردىن تەركىب تاپقان ھەمدە

36:11 يەند. 4:16؛ 1كور. 6:8.
1:12 «مانا بۇ سىلەرنىڭ خۇداغا قىلىدىغان ھەقىقىي ئىبادىتىڭلاردۇر» ــ «ھەقىقىي ئىبادىتىڭلار» گرېك تىلىدا يەنە «يوللۇق، ئورۇنلۇق، تېگىشلىك، ئەقىلگە مۇۋاپىق خىزمەت» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
1:12 رىم. 13:6، 16؛ 1پېت. 5:2.
2:12 «بۇ دۇنيانىڭ قېلىپىغا كىرىپ قالماڭلار» ــ باشقا بىرخىل ئىپادىلەش شەكلى: ــ «بۇ دۇنيانىڭ ئېقىملىرىغا ئەگىشىپ يۈرمەڭلار». ئەينى سۆزلەر «بۇ دۇنيادىكى قېلىپقا شەكىللەندۈرۈلمەڭلار».
2:12 ئەف. 17:5؛ 1تېس. 3:4؛ 1يۇھ. 15:2.
3:12 رىم. 1:5؛ 1كور. 11:12؛ ئەف. 7:4.

ھەربىر ئەزايىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان رولى بولغاندەك، 5 بىزمۇ
كۆپ بولغىنىمىز بىلەن مەسىھتە بىر تەن بولۇپ بىر-بىرىمىزگە
باغلىنىشلىق ئەزا بولىمىز.
6 شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ئاتا قىلىنغان مېھىر-شەپقەت بويىچە،
ھەرخىل روھىي ئىلتىپاتلىرىمىزمۇ بار بولدى. بىرسىگە ئاتا
قىلىنغان ئىلتىپات ۋەھيىنى يەتكۈزۈش بولسا، ئىشەنچىسىنىڭ
دائىرىسىدە ۋەھيىنى يەتكۈزسۇن؛ 7 باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش
بولسا، خىزمەت قىلسۇن؛ تەلىم بېرىش بولسا، تەلىم بەرسۇن؛
8 رىغبەتلەندۈرۈش بولسا، رىغبەتلەندۈرسۇن؛ سەدىقە بېرىش بولسا،
مەردلىك بىلەن سەدىقە بەرسۇن؛ يېتەكلەش بولسا، ئەستايىدىللىق
بىلەن يېتەكلىسۇن؛ خەيرخاھلىق كۆرسىتىش بولسا، خۇشال-
خۇراملىق بىلەن قىلسۇن.
9 مېھىر-مۇھەببىتىڭلار ساختا بولمىسۇن؛ رەزىللىكتىن
نەپرەتلىنىڭلار، ياخشىلىققا چىڭ باغلىنىڭلار؛ 10 بىر-بىرىڭلارنى
قېرىنداشلارچە قىزغىن مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۆيۈڭلار؛ بىر-
بىرىڭلارنى ھۆرمەتلەپ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇڭلار.
11 ئىنتىلىشىڭلاردا ئېرىنمەڭلار، روھ-قەلبىڭلار يالقۇنلاپ كۆيۈپ
تۇرۇپ، رەبگە قۇللارچە خىزمەت قىلىڭلار.

---

**4:12** 1كور. 27:12؛ ئەف. 23:1؛ 16:4؛ 23:5؛ كول. 24:1.

**5:12** 1كور. 4:12؛ 2كور. 13:10؛ 1پېت. 10:4.

**6:12** 1كور. 4:12.

**7:12** 1كور. 10:12؛ 1پېت. 10:4، 11.

**8:12** قان. 7:15؛ مات. 1:6، 2، 3؛ 2كور. 7:9.

10:12 **«بىر-بىرىڭلارنى ھۆرمەتلەپ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇڭلار»** — بۇ سۆزنىڭ: «بىر-بىرىڭلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىشتە بىرىنچى بولۇڭلار، بىر-بىرىڭلارغا بەس-بەستە ھۆرمەت كۆرسىتىڭلار» دېگەن باشقا بىر مەنىسى بار. روسۇل بەلكىم قەستەن ئىككى مەنىسىنى تەڭ ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

**10:12** ئەف. 2:4؛ فىل. 3:2؛ 1پېت. 5:5؛ ئىبر. 1:13؛ 1پېت. 22:1؛ 17:2.

11:12 **«روھ-قەلبىڭلار يالقۇنلاپ كۆيۈپ تۇرۇپ،...»** — «مۇقەددەس روھتا، مۇقەددەس روھ ئارقىلىق قىزغىن بولۇپ...» ياكى «ئۆز روھىڭدا قىزغىن بولۇپ...» دېگەن مەنىلەرنىڭ قايسىسىنى

[12] ئۈمىدتە بولۇپ شادلىنىپ يۈرۈڭلار؛ مۇشەققەت-قىيىنچىلىقلارغا
سەۋر-تاقەتلىك بولۇڭلار؛ دۇئايىڭلارنى ھەرقانداق ۋاقىتتا
توختاتماڭلار. [13] مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىڭلار؛
مېھماندوستلۇققا ئىنتىلىڭلار؛ [14] سىلەرگە زىيانكەشلىك
قىلغۇچىلارغا بەخت تىلەڭلار؛ پەقەت بەخت تىلەڭلاركى، ئۇلارنى
قارغىماڭلار.
[15] شادلانغانلار بىلەن بىللە شادلىنىڭلار؛ قايغۇرۇپ يىغلىغانلار بىلەن
بىللە قايغۇرۇپ يىغلاڭلار.
[16] بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ ئوخشاش ئوي-پىكىردە بولۇڭلار؛
نەزىرىڭلارنى ئۈستۈن قىلماڭلار، بەلكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر
بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىڭلار. ئۆزۈڭلارنى دانىشمەن دەپ
چاغلىماڭلار. [17] ھېچكىمنىڭ يامانلىقىغا يامانلىق بىلەن جاۋاب
قايتۇرماڭلار. بارلىق كىشىنىڭ ئالدىدا ئىشلىرىڭلار پەزىلەتلىك
بولۇشقا كۆڭۈل قويۇڭلار.
[18] ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە كۆپچىلىك بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار؛
[19] ئىنتىقام ئالماڭلار، ئى سۆيۈملۈكلىرىم؛ ئۇنى خۇداغا تاپشۇرۇپ
ئۇنىڭ غەزىپىگە يول قويۇڭلار، چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق
يېزىلغان: «پەرۋەردىگار دەيدۇكى، ئىنتىقام مېنىڭكىدۇر، يامانلىق

---

بىلدۈرىدىغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك تەس. ئەمەلىيەتتە نىجاتتا مۇقەددەس روھ ئىشەنگۈچىنىڭ روھى بىلەن بىر بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئىشلەيدۇ، شۇڭا بۇ ئىككى مەنە ئارىسىدا چوڭ پەرق يوق.

**12:12** لۇقا 1:18؛ رىم. 13:15؛ ئەف. 18:6؛ كول. 2:4؛ 1تېس. 16:5، 17؛ ئىبر. 36:10؛ 1:12؛ ياق. 7:5.

**13:12** 1كور. 1:16؛ ئىبر. 2:13؛ 1پېت. 9:4.

**14:12** مات. 44:5؛ 1كور. 12:4.

**16:12** پەند. 7:3؛ يەش. 21:5؛ رىم. 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 2:2؛ 16:3؛ 1پېت. 8:3.

17:12 **«بارلىق كىشىنىڭ ئالدىدا ئىشلىرىڭلار پەزىلەتلىك بولۇشقا كۆڭۈل قويۇڭلار»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «كۆپچىلىك ياخشى دەپ قارىغان ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ قىلىڭلار»

**17:12** پەند. 22:20؛ مات. 39:5؛ 1كور. 7:6؛ 2كور. 21:8؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 12:2.

**18:12** مار. 50:9؛ ئىبر. 14:12.

مەن قايتۇرىمەن». [20] شۇڭا ئەكسىچە «دۈشمىنىڭ ئاچ بولسا، ئۇنى
تويدۇر، ئۇسسىغان بولسا، قاندۇر. بۇنداق قىلىش بىلەن «ئۇنىڭ
بېشىغا كۆمۈر چوغىنى توپلاپ سالغان بولىسەن». [21] يامانلىق ئالدىدا
باش ئەگمەڭلار، بەلكى يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن يېڭىڭلار.

## ھۆكۈمەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز

13 [1] ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنى ئىدارە قىلغۇچى ھوقۇق ئىگىلىرىگە
بويسۇنسۇن. چۈنكى خۇدا تىكلىمىگەن ھۆكۈمەت يوق؛ قايسى
ھوقۇق-ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولسىلا خۇدا تەرىپىدىن تىكلەنگەندۇر.
[2] شۇنىڭ ئۈچۈن، ھوقۇق-ھۆكۈمەتكە قارشىلىق قىلغۇچى كىشى
خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارشىلىق قىلغان بولىدۇ. قارشىلىق
قىلغۇچىلار سوراققا تارتىلىدۇ [3] (چۈنكى ھۆكۈمرانلار ياخشىلىق
قىلغۇچىلارغا ئەمەس، بەلكى يامانلىق قىلغۇچىلارغا قورقۇنچ

---

19:12 **«پەرۋەردىگار دەيدۇكى، ئىنتىقام مېنىڭكىدۇر، يامانلىق مەن قايتۇرىمەن»** — «قان.»، 35:32.

**19:12** قان. 35:32؛ مات. 39:5؛ لۇقا 29:6؛ ئىبر. 30:10.

20:12 **«دۈشمىنىڭ ئاچ بولسا، ئۇنى تويدۇر، ئۇسسىغان بولسا، قاندۇر. بۇنداق قىلىش بىلەن «ئۇنىڭ بېشىغا كۆمۈر چوغىنى توپلاپ سالغان بولىسەن»** — («پەند.» 21:25-22). «ئۇنىڭ بېشىغا كۆمۈر چوغىنى توپلاپ سالغان بولىسەن» دېگەن مەنىسى: «ئۇنى قاتتىق ئۇيالدۇرىسەن». بۇ ئىبارە مىسىردىكى كونا بىر ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ توۋا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بېشىدا بىر سېۋەت چوغنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. شۇڭا «ئۇنىڭ بېشىغا كۆمۈر چوغىنى توپلاپ سالغان بولىسەن» دېگىنى، ئۇنىڭ توۋا قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيسەن» «ۋىجدانىنى ئويغىتىسەن» دېگەنلىكتۇر.

**20:12** پەند. 21:25-22؛ مات. 44:5.

**1:13** پەند. 15:8؛ دان. 29:4؛ تىت. 1:3؛ 1پېت. 13:2.

2:13 **«شۇنىڭ ئۈچۈن، ھوقۇق-ھۆكۈمەتكە قارشىلىق قىلغۇچى كىشى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارشىلىق قىلغان بولىدۇ. قارشىلىق قىلغۇچىلار سوراققا تارتىلىدۇ»** — بۇنداق جازا خۇدا تەرىپىدىن ياكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى روسۇل دېمەيدۇ، بىراق مۇشۇ يەردە بەلكىم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بولۇشى مۇمكىن.

كەلتۈرىدۇ). ھۆكۈمرانلاردىن قورقۇشنى خالىمايمەن دېسەڭ، ئۇنداقتا
ياخشى ئەمەل قىل. ئۇ چاغدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەرىپلىنىسەن.
[4] چۈنكى ھۆكۈمرانلار سېنىڭ مەنپەئىتىڭ ئۈچۈن خۇدانىڭ
خىزمەتچىسىدۇر. لېكىن يامانلىق قىلساڭ، ئۇنىڭدىن قورقۇشۇڭ
كېرەك! ھۆكۈمران قىلىچنى بىكارغا ئېسىۋالمايدۇ، ئۇ يامانلىق
قىلغۇچىغا خۇدانىڭ غەزىپىنى كۆرسىتىدىغان جازا بەرگۈچى
سۈپىتىدە خۇدانىڭ خىزمەتچىسىدۇر.
[5] شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمرانلارغا بويسۇنۇش كېرەك. بۇ، پەقەت
جازالىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پاك ۋىجدانلىق
بولۇش ئۈچۈندۇر. [6] مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ باج تاپشۇرۇڭلار؛ ھۆكۈمرانلار
بولسا، خۇدانىڭ مەخسۇس بۇ ئىشلارنى باشقۇرۇشقا بېكىتكەن
خىزمەتكارلىرىدۇر.
[7] ھەركىمگە ئۆز تېگىشلىك ھەققىنى تۆلەڭلار؛ غەللە-پاراق
تاپشۇرۇۋالغۇچىغا غەللە-پاراقنى، باج يىغقۇچىلارغا باجنى
تاپشۇرۇڭلار؛ ئىھتىرامغا تېگىشلىك بولغانلارغا ئىھتىرام قىلىڭلار،
ھۆرمەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغاننى ھۆرمەت قىلىڭلار.

## باشقىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز

[8] بىر-بىرىڭلارنى سۆيۈشتىن باشقا، ھېچكىمگە ھېچنەرسىدىن
قەرزدار بولماڭلار. چۈنكى باشقىلارنى سۆيگەن كىشى تەۋرات
قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ. [9] چۈنكى «زىنا
قىلما، قاتىللىق قىلما، ئوغرىلىق قىلما، نەپسانىيەتچىلىك قىلما»
دېگەن پەرھىزلەر ۋە بۇلاردىن باشقا ھەرقانداق پەرزلەرمۇ، «قوشناڭنى
ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن» دېگەن بۇ ئەمرگە يىغىنچاقلانغان.
[10] مېھىر-مۇھەببەتكە بېرىلگەن كىشى ئۆز يېقىنىغا ھېچقانداق
يامانلىق يۈرگۈزمەيدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، مېھىر-مۇھەببەت تەۋرات

**8:13** گال. 14:5؛ 1تىم. 5:1.
**9:13** مىس. 13:20-17؛ لاۋ. 18:19؛ قان. 17:5-19؛ مات. 18:19؛ 39:22؛ مار. 31:12؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2.

قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر.
[11] ھازىرقى ۋاقىتنىڭ جىددىيلىكىنى بىلىپ، شۇلارنى قىلىڭلار.
چۈنكى بىز ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۇيقۇدىن ئويغىنىش ۋاقىت-سائىتى
يېتىپ كەلدى. چۈنكى دەسلەپكى ئېتىقاد قىلغان ۋاقتىمىزغا
نىسبەتەن نىجاتىمىز تېخىمۇ يېقىنلاپ قالدى. [12] كېچە ئۆتۈشكە ئاز
قالدى، كۈندۈز يېقىنلاشتى. شۇڭا، قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىشلىرىنى تاشلاپ،
يورۇقلۇقنىڭ قورال-ياراقلىرىنى كىيەيلى. [13] كۈندۈزگە مۇۋاپىق
دىيانەتلىك ھايات كەچۈرەيلى، ئەيش-ئىشرەت ۋە شارابخورلۇقتا، زىنا
ۋە كەيپ-ساپاغا، جېدەل-ماجىرا ۋە ھەسەتخورلۇقتا بېرىلمەيلى؛
[14] ئەكسىچە ئۆزۈڭلارغا رەب ئەيسا مەسىھنى كىيىۋېلىڭلار ۋە گۇناھكار
ئەتتىكى ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى قاندۇرۇشنى ھېچ ئويلىماڭلار.

## قېرىنداشلار ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلماڭلار

14 [1] ئېتىقادى ئاجىزلارنى قوبۇل قىلىڭلار، لېكىن ئۇلار بىلەن
پىكىردە تالاش-تارتىش قىلماڭلار.

---

**11:13** ئەف. 14:5؛ 1تېس. 6:5.

**12:13** كول. 8:3؛ 1تېس. 5:5.

**13:13** لۇقا 34:21؛ 1كور. 10:6؛ ئەف. 5:5؛ فىل. 8:4؛ 1تېس. 12:4؛ 6:5؛ ياق. 14:3.

**14:13** گال. 27:3؛ 1پېت. 11:2.

**1:14 «ئېتىقادى ئاجىزلارنى قوبۇل قىلىڭلار، لېكىن ئۇلار بىلەن پىكىردە تالاش-تارتىش قىلماڭلار»** ــ ئەينى زاماندا ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلار يەھۇدىيلاردىن ھەم ھەرخىل غەيرىي دىنغا ئەگەشكەنلەردىن چىققان يەھۇدىي ئەمەسلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىلىرىدا ئەسلىدە «خۇدانى خۇرسەن قىلىش» ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەكلىك جەھەتتە كۈچلۈك قائىدىلەر بار ئىدى. لېكىن، خۇش خەۋەر بىلەن يەتكۈزۈلگەن ۋەھىيلەر بويىچە، خۇدا دۇنيادىكى بارلىق ئوزۇقلۇق نەرسىلەرنى ياراتقاندىن كېيىن، ئېتىقادچىلار ئۇلارنى يېيىشكە بولىدۇ (مەسىلەن، «مار.» 18:7-23نى كۆرۈڭ). بىراق بىر قىسىم ئېتىقادچىلار بۇ يېڭى ئەركىنلىكنى تولۇق چۈشەنمىگەن ياكى ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن بولسا، كونا ئادەتلىرى بويىچە ياشاشنى داۋام قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس ئۇلارنى «ئېتىقادى ئاجىزلار» دەپ ئاتىدى. قىزىق بىر يېرى شۇكى، «ئېتىقادى ئاجىز» ئادەمنىڭ بەزى ئىنتايىن كۈچلۈك پىكىرلىرى بولۇشى مۇمكىن!

[2]بىرسى ھەرقانداق يېمەكلىكنى يېيىشكە بولىدىغىنىغا ئىشىنىدۇ؛
لېكىن يەنە ئېتىقادى ئاجىز بىرسى پەقەت كۆكتاتلارنىلا يەيدۇ.
[3]ھەرقانداق يېمەكلىكلەرنى يەيدىغان كىشى يېمەيدىغان كىشىنى
كەمسىتمىسۇن؛ ھەمدە بەزى نەرسىنى يېمەيدىغان كىشى ھەرقانداق
يېمەكلىكلەرنى يەيدىغان كىشى ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلمىسۇن.
چۈنكى خۇدا ئۇنى قوبۇل قىلغان. [4]باشقا بىرسىنىڭ خىزمەتكارى
ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى سەن كىم ئىدىڭ؟ خىزمەتكارنىڭ تىك
تۇرۇشى ياكى يىقىلىپ كېتىشىگە پەقەتلا ئۆز خوجايىنى مەسئۇلدۇر.
ھەمدە شۇ خىزمەتكارمۇ تىك تۇرىدىغان قىلىنىدۇ ــ چۈنكى
خوجايىنى رەب ئۇنى تىك تۇرغۇزۇشقا قادىردۇر.
[5]مەلۇم بىرسى مەلۇم بىر كۈننى يەنە بىر كۈندىن ئۈستۈن كۆرىدۇ،
يەنە بىرسى ھەممە كۈننى ئوخشاش دەپ قارايدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ
كۆزقارىشىغا تولۇق ئىشەنچى بولسۇن. [6]مەلۇم كۈننى قەدىرلەيدىغان
كىشى بۇنىڭ بىلەن رەببىنىڭ ھۆرمىتىدە ئۇنى قەدىرلەيدۇ. بىر
نەرسىنى يەيدىغان كىشىمۇ رەببىنىڭ ھۆرمىتىدە يەيدۇ، چۈنكى
ئۇ ئۆز رىزقى ئۈچۈن خۇداغا تەشەككۇر ئېيتىدۇ. مەلۇم نەرسىنى
يېمەيدىغان كىشى يېمەيدىغانلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ رەببىنىڭ
ھۆرمىتىدە يېمەيدۇ، ئۇمۇ شۇنداقلا خۇداغا تەشەككۇر ئېيتىدۇ.
[7]چۈنكى ھېچقايسىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ياشىمايمىز ۋە ھېچقايسىمىز

**2:14** يەند. 7:15

**4:14** ياق. 12:4.

**5:14 «مەلۇم بىرسى مەلۇم بىر كۈننى يەنە بىر كۈندىن ئۈستۈن كۆرىدۇ، يەنە بىرسى ھەممە كۈننى ئوخشاش دەپ قارايدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىغا تولۇق ئىشەنچى بولسۇن»** ــ ئېتىقادچىلارنىڭ بىر قىسمى يەھۇدىي بولۇپ، ئۇلار يەنىلا تەۋراتتا بەلگىلەنگەن، يەھۇدىيلار ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ھېيت-بايراملارنى تۇتۇشقا، بولۇپمۇ «شابات كۈنى» (دەم ئېلىش كۈنى، يەنى شەنبە كۈنى)نى تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن، شۇنداقلا بۇلارنى بۇرۇنقىدەك داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، دەيتتى.

**5:14** گال. 10:4؛ كول. 16:2.

**6:14** 1كور. 31:10؛ 1تىم. 3:4.

ئۆزىمىز ئۈچۈن ئۆلمەيمىز؛ [8] بەلكى ئەگەر ياشىساق، رەببىمىز
ئۈچۈن ياشايمىز؛ ئۆلسەك، رەببىمىز ئۈچۈن ئۆلىمىز. شۇنىڭ
ئۈچۈن ياشىساقمۇ، ئۆلسەكمۇ رەببىمىزگە مەنسۇپتۇرمىز. [9] چۈنكى
مەسىھنىڭ ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشىدەل شۇ مەقسەت بىلەن بولدىكى،
ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنىڭ ھەم تىرىكلەرنىڭ رەببى بولۇشى ئۈچۈندۇر.
[10] ئۇنداقتا، سەن نېمە ئۈچۈن قېرىندىشىڭنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم
قىلىسەن؟ ياكى نېمە ئۈچۈن قېرىندىشىڭنى مەنسىتمەيسەن؟
چۈنكى ھەممىمىز خۇدانىڭ سوراق تەختى ئالدىدا تۇرىشىمىز كېرەك
بولىدۇ. [11] چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا ئېيتىلغىنىدەك: ــ

«پەرۋەردىگار دەيدۇكى: ــ
ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، ماڭا بارلىق تىزلار پۈكۈلىدۇ،
بارلىق تىللار مېنى ئېتىراپ قىلىپ مەدھىيە ئوقۇيدۇ».

[12] شۇڭا، ھەربىرىمىز خۇدا ئالدىدا ئۆزىمىز توغرۇلۇق ھېساب بېرىمىز.

## ئاجىز قېرىنداشلارنى خۇدا يولىدىن چەتنىتىپ قويماڭلار

[13] شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر-بىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى
ئىككىنچى بىرى بولمايلى. بۇنىڭ ئورنىغا شۇنداق ھۆكۈم-قارارغا

---

**7:14** 2كور. 15:5؛ گال. 20:2؛ 1تىس. 10:5؛ 1پېت. 2:4.

**10:14** «چۈنكى ھەممىمىز خۇدانىڭ سوراق تەختى ئالدىدا تۇرىشىمىز كېرەك بولىدۇ» ــ «سوراق تەختى» ئادەتتە رىم ئىمپېرىيەسىدە ھەربىر شەھەرنىڭ چوڭ مەيدانىدا بولاتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار مۇھىم ھۆكۈملەرنى ياكى ئېلانلارنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئولتۇراتتى. خۇدانىڭ «سوراق تەختى» ياكى «ھۆكۈم چىقىرىش تەختى» ئالدىدا بولىدىغان سوراق بەلكىم **ئىشەنگۈچىلەرنىڭ** ئەمەللىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈنلا بولىدۇ («2كور.» 10:5نى كۆرۈڭ).

**10:14** مات. 31:25؛ 2كور. 10:5.

**11:14** «پەرۋەردىگار دەيدۇكى: ــ ئۆز ھاياتىم بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، ماڭا بارلىق تىزلار پۈكۈلىدۇ، بارلىق تىللار مېنى ئېتىراپ قىلىپ مەدھىيە ئوقۇيدۇ» ــ «يەش.» 23:45.

**11:14** يەش. 23:45؛ 18:49؛ فىل. 10:2.

**12:14** زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22.

كېلىشىڭلاركى، ھەرقانداق قېرىنداشقا گۇناھقا يىقىتىدىغان بىر
نەرسىنى ياكى تۇزاقنى قويماسلىق كېرەك. 14 رەببىمىز ئەيسادا
بولغانلىقىمدىن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەندۇرۇلۇپ بىلىمەنكى،
ھەرقانداق نەرسە ئۆزلىكىدىن ھارام ئەمەستۇر؛ لېكىن بىر نەرسىنى
ھارام دەپ قارىغان كىشى ئۈچۈن، ئۇ ئۇنىڭغا ھارامدۇر. 15 ئەگەر
يېمەكلىكىڭ تۈپەيلىدىن قېرىندىشىڭنى ئازابقا قويغان بولساڭ،
مېھىر-مۇھەببەت يولىدا ماڭمىغان بولىسەن. مەسىھ ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئۆز جېنىنى پىدا قىلىپ ئۆلگەن، بۇ قېرىندىشىڭنى يېمەكلىكىڭ
بىلەن نابۇت قىلما!
16 ئەمدى سىلەر ياخشى دەپ قارىغان ئىشلارنىڭ يامان دېيىلىشىگە
سەۋەبچى بولۇپ قالماڭلار. 17 چۈنكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى يېمەك-
ئىچمەكتە ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھتا بولغان ھەققانىيلىق،
ئىناقلىق-خاتىرجەملىك ۋە شادلىقتىدۇر. 18 بۇلاردا ياشاپ مەسىھكە
خىزمەت قىلغۇچى كىشى خۇدانى خۇرسەن قىلىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ
تەرىپلىشىگە سازاۋەر بولىدۇ.
19 شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە
بىر-بىرىمىزنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇپ چىقىدىغان ئىشلارغا ئاتايلى.
20 يېمەكلىكنى دەپ خۇدانىڭ ئەجرىنى نابۇت قىلماڭلار. ھەممە نەرسە
دەرۋەقە ھالالدۇر؛ بىراق بىرسى يېگىنى بىلەن ئېتىقادىدا پۇتلاشسا،

**13:14** 1كور. 32:10؛ 2كور. 3:6.

**14:14** مات. 11:15؛ روس. 15:10؛ 1كور. 4:8؛ 1تىم. 4:4.

**15:14** 1كور. 11:8.

**17:14** 1كور. 8:8.

19:14 **«شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە بىر-بىرىمىزنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇپ چىقىدىغان ئىشلارغا ئاتايلى»** — «بىر-بىرىمىزنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇپ چىقىدىغان» ئەينى تېكىستە «بىر-بىرىمىزنى قۇرۇپ چىقىدىغان» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مۇھىم ئىبارىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

ئۇ ئۇنىڭغا يامان ھېسابلىنىدۇ. [21] شۇنىڭ ئۈچۈن گۆش يېيىش،
شاراب ئىچىش، شۇنداقلا باشقا ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشىڭ
قېرىندىشىڭنى گۇناھقا تېيىلدۇرىدىغان، ئازابقا قويىدىغان ياكى
ئۇنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بولسا، بۇلارنى قىلمىغىنىڭ تۈزۈك.
[22] سېنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ ئەمدى بۇ
ئىشەنچ خۇدا بىلەن سېنىڭ ئاراڭدىكى ئىشتۇر. ئۆزى قىلىۋاتقان
ئىشنى توغرا دەپ قارىغان، شۇنىڭدىن ۋىجدانىمۇ ئەيىبكە
بۇيرۇلمىغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك-ھە! [23] لېكىن يېمەكلىكتىن
گۇمانلىنىپ تۇرۇپ يەنە شۇنى يېگەن كىشى ئەيىبكە بۇيرۇلىدۇ،
چۈنكى بۇنى ئىشەنچ بىلەن يېمىگەن. ئىشەنچتىن بولمىغان
ھەرقانداق ئىش گۇناھتۇر.

## ئۆزىمىزنى قانائەتلەندۈرۈشنىلا ئويلىمايلى

15 [1] ئەمدى ئېتىقادىمىز كۈچلۈك بولغان بىزلەر ئۆزىمىزنى
قانائەتلەندۈرۈشنىلا ئويلىماي، بەلكى ئېتىقادى
ئاجىزلارنىڭمۇ ئاجىزلىقلىرىنى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. [2] ھەربىرىمىز
ئۆز يېقىنىمىزنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ
بەخت-بەرىكىتىنى كۆزلەپ، ئۇنى خۇرسەن قىلىشقا ئىنتىلەيلى.
[3] چۈنكى ھەتتا مەسىھمۇ ئۆزىنى قاندۇرۇشنى ئويلىمىغانىدى. بۇ

---

20:14 **«بىراق بىرسى يېگىنى بىلەن ئېتىقادىدا پۇتلاشسا، ئۇ ئۇنىڭغا يامان ھېسابلىنىدۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىراق بىرسى يېسە ۋە شۇڭلاشقا باشقىلارنى (ئىمان، ۋىجدان تەرىپىدە) پۇتلاشتۇرسا، بۇ ئىش ئۇنىڭغا يامان بولىدۇ».

**20:14** تىت. 15:1.

21:14 **«ئازابقا قويىدىغان ياكى ئۇنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ سۆزلەر تېپىلمايدۇ.

**21:14** 1كور. 13:8.

**23:14** تىت. 15:1.

**1:15** 1كور. 22:9؛ گال. 1:6

توغرىسىدا مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق پۈتۈلگەن: «سەن خۇدانى
ھاقارەت قىلغانلارنىڭ ھاقارەتلىرى مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشتى».
[4] چۈنكى بۇرۇندا ۋەھيي بىلەن پۈتۈلگەن يازمىلاردىكى ھەرقايسى
سۆزلەر بىزگە ئۆگىتىش ئۈچۈن يېزىلغان بولۇپ، مەقسىتى مۇقەددەس
كىتابلاردىن كەلگەن سەۋر-تاقەت ۋە ئىلھامبەخش ئارقىلىق بىزدە
ئازرۇ-ئۈمىدنىڭ بولۇشى ئۈچۈندۇر.
[5] ئەمدى سەۋر-تاقەت ۋە ئىلھامبەخشنىڭ ئىگىسى خۇدا سىلەرنى
مەسىھ ئەيسانى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزئارا بىر ئوي-نىيەتكە كەلتۈرگە
ي؛ [6] بۇنىڭ بىلەن سىلەر خۇدانى، يەنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ
ئاتىسىنى بىر جان بىر دىل بىلەن بىر ئېغىزدىن ئۇلۇغلىغايسىلەر.

## بىر-بىرىڭلارنى قوبۇل قىلىڭلار

[7] شۇڭا، مەسىھ سىلەرنى قوبۇل قىلىپ، خۇداغا شان-شەرەپ
كەلتۈرگىنىدەك، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنى قوبۇل قىلىڭلار. [8-9] چۈنكى
سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئاتا-بوۋىلارغا
بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شۇ ئارقىلىق ئەللەرمۇ
خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۇلۇغلىشى ئۈچۈن، خەتنە
قىلىنغانلارغا خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى يەتكۈزگۈچى خىزمەتكار
سۈپىتىدە تەيىنلەندى. بۇ خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا: —
«شۇڭا ساڭا ئەللەر ئارىسىدا مەدھىيە ئوقۇيمەن،

---

**3:15** زەب. 69:7-9؛ يەش. 53:4، 5.

**4:15** رىم. 4:23، 24.

**5:15** رىم. 12:16؛ 1كور. 1:10؛ فىل. 2:2؛ 3:16؛ 1پېت. 3:8.

7:15 **«مەسىھ سىلەرنى قوبۇل قىلىپ، خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرگىنىدەك، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنى قوبۇل قىلىڭلار»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەسىھ سىلەرنى قوبۇل قىلغاندەك، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنى قوبۇل قىلىپ خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈڭلار». ئەمەلىيەتتە بۇ مەنىسىمۇ بىزنىڭ تەرجىمىمىزدىن چىقىدۇ.

**ۋە سىنىڭ نامىڭنى كۈيلەيمەن» ــ دەپ يېزىلغاندى.**
**[10] ۋە ئۇ يەنە: ــ**
**«ئەي ئەللەر، خۇدانىڭ خەلقى بىلەن بىللە شاد-خۇرام بولۇڭلار!» ــ دە**
**يدۇ. [11] ۋە يەنە ئۇ: ــ**
**«ئەي بارلىق ئەللەر، پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەڭلار،**
**ئەي پۈتكۈل قوۋملەر، ئۇنى ئۇلۇغلاڭلار!» ــ دەيدۇ. [12] يەنە، يەشايا**

---

9-8:15 **«ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئاتا-بوۋىلارغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن»** ــ «خۇدانىڭ ئاتا-بوۋىلارغا بەرگەن ۋەدىلىرى» خۇدا ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ، يۈسۈپ، مۇسا پەيغەمبەر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزگەن ۋەدىلىرى دېگەنلىك. **«شۇ ئارقىلىق ئەللەرمۇ خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۇلۇغلىشى ئۈچۈن...»** ــ «ئەللەر» مۇشۇ يەردە يات ئەللەر، يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ. **«شۇڭا ساڭا ئەللەر ئارىسىدا مەدھىيە ئوقۇيمەن...»** ــ «ئەللەر» يەنە مۇشۇ يەردە يات ئەللەر، يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ. **«شۇڭا ساڭا ئەللەر ئارىسىدا مەدھىيە ئوقۇيمەن، ۋە سىنىڭ نامىڭنى كۈيلەيمەن»** ــ («زەب.» 49:18). بۇ بېشارەتتە مەسىھ ئۆز روھى ئارقىلىق داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئاغزىدىن سۆزلەيدۇ. پاۋلۇس بۇ مۇھىم گەپلىرى (8-9-ئايەتلەر) ئارقىلىق يەھۇدىي ئەمەسلەر ۋە يەھۇدىيلارنىڭ بىر-بىرىنى قوبۇل قىلىشىنى دەۋەت قىلىدۇ؛ چۈنكى مەسىھ ئەيسا ئۆزى يەھۇدىيلار («خەتنە قىلىنغانلار»)غا خىزمەتكار تەيىنلەندى ھەم شۇنىڭدەك يەھۇدىي ئەمەسلەر («يات ئەللەر» نىڭ خۇدانى مەدھىيىلىشىگە باشلامچىلىق قىلىدۇ؛ دېمەك، مەسىھ ئىككى تەرەپنىڭ خىزمىتىدە بولغاندىن كېيىن، نېمىشقا سىلەر يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىي ئەمەسلەر كىچىك پېئىللىق بىلەن ئۇنىڭ ئۈلۈگ ئۈلگىسىگە ئەگىشىپ بىر-بىرىڭلارنى قوبۇل قىلمايسىلەر؟

**9-8:15** 2سام. 50:22؛ زەب. 49:18-50.

10:15 **«ۋە ئۇ يەنە: ... دەيدۇ»** ــ بۇ ۋە كېيىنكى ئايەتتىكى «ئۇ» مەسىھدۇر. مۇشۇ ئايەتتىكى بېشارەتلەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. 15-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«ئەي ئەللەر»** ــ «ئەللەر» يات ئەللەر، يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ. **«ئەي ئەللەر، خۇدانىڭ خەلقى بىلەن بىللە شاد-خۇرام بولۇڭلار!»** ــ «قان.» 43:32.

**10:15** قان. 43:32.

11:15 **«ئەي بارلىق ئەللەر، پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەڭلار، ئەي پۈتكۈل قوۋملەر، ئۇنى ئۇلۇغلاڭلار!»** ــ («زەب.» 1:117) ــ بۇ ئايەت ۋە يۇقىرىقى نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى ئايەتتە، مەسىھ (دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن) پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاغزىدىن بېشارەت بېرىپ، كەلگۈسىدە يەھۇدىي ئەمەسلەر بىلەن ئۆزى تاللىغان خەلقى بىللە خۇداغا ئىبادەت قىلىشىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بىللە بولۇشىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتىدۇ.

**11:15** زەب. 1:117

پەيغەمبەرمۇ مۇنداق دەيدۇ: ــ
«يەسسەنىڭ يىلتىزى بولغان كىشى مەيدانغا چىقىدۇ،
ئەللەرگە ھاكىملىق قىلىدىغان زات ئورنىدىن تۇرىدۇ؛
ئەللەر دەرۋەقە ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلايدۇ».
[13] ئەمدى ئۈمىدنىڭ ئىگىسى خۇدا ئۆزىگە ئىشىنىۋاتقانلىقىڭلاردىن قەلبىڭلارنى تولۇق شاد-خۇراملىق ۋە تىنچ-خاتىرجەملىككە تولدۇرغاي، شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئۈمىدكە تولۇپ تاشقايسىلەر.

## پاۋلۇسنىڭ روسۇللۇق خىزمىتى توغرىسىدا

[14] ئى قېرىنداشلىرىم، كۆڭلۈڭلارنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن تولغانلىقىغا، مول بىلىملەر بىلەن تولۇق بېزەلگەنلىكىگە، شۇنداقلا بىر-بىرىڭلارغا ئۆزئارا جېكىلەپ بېرەلەيدىغانلىقىڭلارغىمۇ قايىلمەن. [15] شۇنداق بولسىمۇ، خۇدا ماڭا ئاتا قىلغان شاپائەت تۈپەيلىدىن مەن سىلەرگە بىر قىسىم تەرەپلەردىن نەچچە ئىشلارنى ئەسلىتىپ قويۇشقا سەل جۈرئەتلىك بولۇپ ئۇشبۇ خەتنى يازماقتىمەن. [16] شۇ شاپائەت بىلەن مەن خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ كاھىندەك ئۇنىڭ ئىبادىتىنى ھەممە يەردە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش خىزمىتىدە يەھۇدىي ئەمەس ئەللەرگە مەسىھ ئەيسانىڭ خىزمەتكارى بولۇپ تەيىنلەندىم. بۇ خىزمىتىمنىڭ مەقسىتى ئەللەرنىڭ خۇداغا سۇنىدىغان ئىبادىتى مۇقەددەس روھ ئارقىلىق پاك-مۇقەددەس قىلىنىپ، خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان قۇربانلىقتەك

---

12:15 **«يەسسەنىڭ يىلتىزى بولغان كىشى مەيدانغا چىقىدۇ، ئەللەرگە ھاكىملىق قىلىدىغان زات ئورنىدىن تۇرىدۇ؛ ئەللەر دەرۋەقە ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلايدۇ»** ــ («يەش.»
10:11) مەسىھ توغرۇلۇق يەنە بىر بېشارەت. يەسسە بولسا، داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئەۋلادى مەسىھ، يەنى «ئۇنىڭ يىلتىزى»دۇر.

**12:15** يەش. 10:11؛ ۋەھ. 5:5؛ 16:22.

13:15 **«ئۈمىدنىڭ ئىگىسى خۇدا...»** ــ ئەينى سۆز «ئۈمىدنىڭ خۇداسى...».

ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا لايىق بولۇشى ئۈچۈندۇر. [17] شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىھ ئەيسادا بولغانلىقىمدىن خۇدانىڭ ماڭا تاپشۇرغانلىرىدىن پەخىرلىنىمەن. [18-19] چۈنكى ئەللەرنىڭ خۇداغا ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈن مەسىھنىڭ ماڭا قىلدۇرغانلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى تىلغا ئېلىشقا ھەددىم ئەمەس. سۆز ۋە ئەمەللەر ئارقىلىق، ئالامەتلىك مۆجىزىلەر ۋە كارامەتلەر ئارقىلىق، مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن يېرۇسالېمدىن باشلاپ ئىللىرىكون ئۆلكىسىگىچە ئايلىنىپ ھەممە يەردە مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنى تولۇق جاكارلىدىم. [20] شۇنداق قىلىپ باشقىلار سالغان ئۇلنىڭ ئۈستىگە بىنا سالماسلىق ئۈچۈن، ئەزەلدىن مەسىھنىڭ نامى ئاڭلانمىغان يەرلەردە بۇ خۇش خەۋەرنى جاكارلاشقا ئىنتىلىپ كەلدىم. [21] بۇ توغرىسىدا مۇقەددەس يازمىلاردا ئېيتىلغىنىدەك: ــ «ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغانلار ئۇنى كۆرىدۇ، ئاڭلىمىغانلار ئاڭلاپ چۈشىنىدۇ».

---

16:15 **«بۇ خىزمىتىمنىڭ مەقسىتى ئەللەرنىڭ خۇداغا سۇنىدىغان ئىبادىتى، مۇقەددەس روھ ئارقىلىق پاك-مۇقەددەس قىلىنىپ...»** ــ «ئەللەر»: يات ئەللەر، يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ. **«شۇ شاپائەت بىلەن مەن خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ كاھىندەك ئۇنىڭ ئىبادىتىنى ھەممە يەردە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش خىزمىتىدە يەھۇدىي ئەمەس ئەللەرگە مەسىھ ئەيسانىڭ خىزمەتكارى بولۇپ تەيىنلەندىم. بۇ خىزمىتىمنىڭ مەقسىتى ئەللەرنىڭ خۇداغا سۇنىدىغان ئىبادىتى مۇقەددەس روھ ئارقىلىق پاك-مۇقەددەس قىلىنىپ، خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان قۇربانلىقتەك ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا لايىق بولۇشى ئۈچۈندۇر»** ــ روسۇل پاۋلۇس ئۆزىنى كاھىنغا ئوخشىتىدۇ. خۇدانىڭ كونا زامانلاردىكى ئىبادەتخانىغا كاھىنلارنى تەمىنلەشتىكى مەقسىتى خەلقنىڭ توغرا يولدا خۇداغا ئىبادەت قىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇلار خەلقنىڭ ئۆز قۇربانلىقلىرىنى توغرا، خۇدانىڭ قوبۇل قىلىشىغا لايىق پېتىدە سۇنۇشىغا ياردەمچى ۋە خىزمەتكار ئىدى. پاۋلۇس ئۆزىنىڭ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى خۇداغا ھەقىقىي، مەنىلىك، چىن دىللىق ئىبادەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر، دەيدۇ. خەقنىڭ بۇ ئىبادىتىنى پاك-مۇقەددەس قىلىش مۇقەددەس روھنىڭ ئىشى، ئەلۋەتتە. بۇ ئىبادەتمۇ پەقەت جامائەت ئىبادەت سورۇنلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئىشەنگۈچىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ (12:1-2).

21:15 **«ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغانلار ئۇنى كۆرىدۇ، ئاڭلىمىغانلار ئاڭلاپ چۈشىنىدۇ»** ــ «يەش.» 15:52.

**21:15** يەش. 15:52.

## پاۋلۇسنىڭ رىمغا بېرىش پىلانى

[22] مانا، شۇ خىزمەتلىرىم سەۋەبىدىن يېنىڭلارغا بېرىشنى كۆپ قېتىم ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن توسۇلغۇلارغا ئۇچراپ بارالمىدىم. [23-24] لېكىن هازىر مۇشۇ ئەتراپلاردا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈلمىگەن يەرلەر ماڭا قالمىغانلىقتىن، هەمدە كۆپ يىللاردىن بېرى سىلەرنى يوقلاپ بېرىش ئارزۇيۇم بولغانلىقتىن، ئىسپانىيەگە بېرىشىمدا سىلەرنىمۇ يوقلاپ ئۆتمەكچىمەن. سەپىرىمدە ئالدى بىلەن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر مەزگىل هەمراھلىقىڭلاردىن تولۇق خۇشاللىنىپ، ئاندىن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلاردا سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن.

[25] بىراق هازىر بولسا يېرۇسالېمغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا كېتىۋاتىمەن. [26] چۈنكى ماكېدونىيە ۋە ئاقايا ئۆلكىلىرىدىكى جامائەتلەر يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس بەندىلەر ئارىسىدىكى يوقسۇللارغا ئىئانە توپلاپ ياردەم بېرىشنى لايىق كۆردى. [27] بۇ ئىشنى ئۇلار بەرھەق لايىق كۆردى؛ ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار يېرۇسالېمدىكىلەرگە قەرزداردۇر. چۈنكى ئەللەر يەھۇدىي قېرىنداشلارنىڭ روھىي بەختلىرىدىن بەھرىمەن بولغان بولسا، ماددىي جەھەتتىن ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

[28] مەن بۇ ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنى يېرۇسالېمدىكى قېرىنداشلارنىڭ جامائەتلەرنىڭ ئىپتىقادىنىڭ بۇ مېۋىسىنى قوبۇل قىلىشىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، سىلەرنى يوقلاپ ئۆتۈپ

---

22:15 رىم. 1:13؛ 1تېس. 2:18.

23:15-24 رىم. 1:10؛ 15:32؛ 1تېس. 3:10؛ 2تىم. 1:4.

25:15 روس. 19:21؛ 24:17.

27:15 **«چۈنكى ئەللەر يەھۇدىي قېرىنداشلارنىڭ روھىي بەختلىرىدىن بەھرىمەن بولغان بولسا، ماددىي جەھەتتىن ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ»** ــ «ياردەم بېرىش» دېگەن سۆز گرېك تىلىدا ئادەتتە مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى خىزمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىسپانىيەگە بارىمەن. [29] يېنىڭلارغا بارغىنىمدا، مەسىھنىڭ تولۇق
بەخت-بەرىكىتىنى سىلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىمنى بىلىمەن.

[30] قېرىنداشلار، رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ۋە مۇقەددەس روھنىڭ
مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، مەن ئۈچۈن
خۇداغا دۇئا قىلىپ مەن بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلغايسىلەر ــ
[31] مېنىڭ يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىكى ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ يامان
نىيەتلىرىدىن ساقلىنىشىم، شۇنىڭدەك يېرۇسالېمدا ئىنىئامنى
يەتكۈزۈش خىزمىتىمنىڭ شۇ يەردىكى مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ
قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن [32] ھەمدە ئاخىردا خۇدا بۇيرۇسا،
پېقىرنىڭ شاد-خۇراملىق بىلەن يېنىڭلارغا بېرىپ، سىلەر بىلەن
ئورتاق ئىستىراھەت قىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلغايسىلەر.
[33] ئامانلىق-خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان خۇدا ھەممىڭلار بىلەن
بىللە بولغاي! ئامىن!

---

28:15 **«يېرۇسالېمدىكى قېرىنداشلارنىڭ، جامائەتلەرنىڭ ئېتىقادىنىڭ بۇ مېۋىسىنى قوبۇل قىلىشىنى جەزمەنلەشتۈرگەندىن كېيىن،...»** ــ گرېك تىلىدا «(يېرۇسالېمدىكى قېرىنداشلارغا بۇ مېۋىسىنى يەتكۈزۈپ مۆھۈرلەندۈرگەندىن كېيىن،...» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. روسۇل پاۋلۇس يەھۇدىي قېرىنداشلارنىڭ بۇ سوۋغاتنى قوبۇل قىلىشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بىلەتتى. چۈنكى ئۇنى قوبۇل قىلىشى سوۋغات بەرگەنلەرنى، يەنى يەھۇدىي ئەمەس ئىشەنگۈچىلەرنى «بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز» دەپ قوبۇل قىلىشىغا باراۋەر بولاتتى، شۇڭلاشقا بارلىق جامائەتلەرنىڭ بىرلىكى ۋە مۇھەببىتىنى مۇستەھكەملەپ ئالغا سۈرەتتى. خۇداغا تەشەككۈر، يەھۇدىي قېرىنداشلار ئۇنى قوبۇل قىلدى («روس.» 17:21).

**29:15** رىم. 11:1.

30:15 **«مەن ئۈچۈن خۇداغا دۇئا قىلىپ مەن بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلغايسىلەر»** ــ «كۈرەش قىلغايسىلەر» دېگەن سۆزلەر جىن-شەيتانلارنىڭ خۇدانىڭ خىزمىتىگە دائىم قارشى چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇڭا بۇ خىزمەت ئۈچۈن دۇئا قىلىش (بۇلارنىڭ قارشى چىققانلىقى تۈپەيلىدىن) بىرخىل كۈرەش، تەس بىر ئىش بولىدۇ (مەسىلەن «كول.» 1:2، 11:4نى كۆرۈڭ).

**30:15** 2كور. 11:1.

**31:15** 2تېس. 2:3.

**32:15** رىم. 10:1؛ 23:15.

33:15 **«ئامانلىق-خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان خۇدا»** ــ ئەسلىي تىلدا «ئامانلىق-

## پاۋلۇسنىڭ ئاخىرقى سالاملىرى

16 [1] كەنخرىيا شەھىرىدىكى جامائەتنىڭ خىزمەتچىسى
سىڭلىمىز فىبىنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلىپ تونۇشتۇرىمەن؛
[2] ئۇنى مۇقەددەس بەندىلەرگە لايىق رەبنىڭ مۇھەببىتىدە قوبۇل
قىلىپ كۈتۈۋالغايسىلەر، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشتا سىلەرگە ھاجىتى
چۈشسە، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغايسىلەر. چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ نۇرغۇن
كىشىلەرگە، جۈملىدىن ماڭىمۇ چوڭ ياردەمچى بولغان.
[3] مەن بىلەن بىرگە ئىشلىگەن، مەسىھ ئەيسادا بولغان خىزمەتداشلىرىم
پىرىسكا بىلەن ئاكۋىلاغا سالام ئېيتقايسىلەر [4] (ئۇلار مېنى دەپ ئۆز
ھاياتىنىڭ خېيىم-خەتىرىگە قارىمىدى. ھەم يالغۇز مەنلا ئەمەس، بەلكى
ئەللەردىكى بارلىق جامائەتلەرمۇ ئۇلاردىن مىننەتداردۇر). [5] ئۇلارنىڭ
ئائىلىسىدە جەم بولىدىغان جامائەتكىمۇ سالام ئېيتقايسىلەر.
ئاسىيا ئۆلكىسىدىن مەسىھكە ئېتىقادتا ئەڭ دەسلەپكى مېۋە بولۇپ
چىققان، سۆيۈملۈكۈم ئېپېنىتكە سالام ئېيتقايسىلەر. [6] سىلەر ئۈچۈن
كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن مەرىيەمگە سالام ئېيتقايسىلەر.

---

خاتىرجەملىكنىڭ خۇداسى».

2:16 **«ئۇنى مۇقەددەس بەندىلەرگە لايىق رەبنىڭ مۇھەببىتىدە قوبۇل قىلىپ كۈتۈۋالغايسىلەر...»** ــ «رەبنىڭ مۇھەببىتىدە» ئەينى گرېك تىلىدا «رەبدە» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ ئىبارە توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«ئۇنىڭ يەنى فىبىنىڭ ھەرقانداق ئىشتا سىلەرگە ھاجىتى چۈشسە، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغايسىلەر. چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە، جۈملىدىن ماڭىمۇ چوڭ ياردەمچى بولغان»** ــ بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا فىبى ئۆزى مەلۇم سەۋەبتىن رىمغا سەپەر قىلماقچى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇسنىڭ بۇ سالام خېتىنى ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇنداق ئۇزۇن ۋە خەتەرلىك سەپەر قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. خۇداغا ۋە فىبىگە قولىمىزدا ھازىر تۇرغان بۇ قىممەتلىك خەت ئۈچۈن رەھمەت!

3:16 **«مەن بىلەن بىرگە ئىشلىگەن، مەسىھ ئەيسادا بولغان خىزمەتداشلىرىم پىرىسكا بىلەن ئاكۋىلاغا سالام ئېيتقايسىلەر...»** ــ پىرىسكا (پرىسكىلا) ۋە ئېرى ئاكۋىلا خۇش خەۋەرنىڭ كۆپ خىزمىتىنى قىلغان («روس.» 2:18، 26، «1كور.» 19:16، «2تىم» 19:4نى كۆرۈڭ).

**3:16** روس. 2:18، 26.

4:16 **«... ھەم يالغۇز مەنلا ئەمەس، بەلكى ئەللەردىكى بارلىق جامائەتلەرمۇ ئۇلاردىن مىننەتداردۇر»** ــ «ئەللەر»: يات ئەللەر، يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

7 مەن بىلەن زىنداندىكى ۋە يەھۇدىي قېرىنداشلىرىم
ئاندرونىكۇس ۋە يۇنىياغا سالام ئېيتقايسىلەر. ئۇلار مەندىن ئاۋۋال
مەسىھتە بولغان بولۇپ، روسۇللار ئارىسىدىمۇ ئابرۇيلۇقتۇر.
8 رەببىمىزدە بولغان سۆيۈملۈكۈم ئامپلىياتقا سالام ئېيتقايسىلەر.
9 بىز بىرگە ئىشلىگەن مەسىھتە بولغان خىزمەتدىشىمىز ئۇربانۇس
ۋە سۆيۈملۈكۈم ستاخۇسلارغا سالام ئېيتقايسىلەر.
10 سىناقلاردىن ئۆتكەن، مەسىھتە سادىق ئىسپاتلىنىپ
كەلگەن ئاپېلىسقا سالام ئېيتقايسىلەر. ئارىستوۋۇلۇسنىڭ
ئائىلىسىدىكىلەرگە سالام ئېيتقايسىلەر.
11 يەھۇدىي قېرىندىشىم ھېرودىيونغا، ناركىسنىڭ ئائىلىسى-
دىكىلەردىن رەبدە بولغانلارغا سالام ئېيتقايسىلەر.
12 رەبنىڭ خىزمىتىدە جاپا تارتىۋاتقان تىرىفېنا ۋە تىرىفوسا خانىمغا
سالام ئېيتقايسىلەر. رەبنىڭ خىزمىتىدە نۇرغۇن جاپا تارتقان
سۆيۈملۈك سىڭلىم پەرسىسقا سالام ئېيتقايسىلەر.
13 رەبدە تاللانغان رۇفۇسقا ۋە ئۇنىڭ ماڭىمۇ ئانا بولغان ئانىسىغا
سالام ئېيتقايسىلەر.
14 ئاسىنكرىتۇس، فىلىگون، ھەرمىس، پاتروباس، ھېرماس ۋە ئۇلارنىڭ
يېنىدىكى قېرىنداشلارغا سالام ئېيتقايسىلەر.
15 فىلولوگۇس ۋە يۇلىياغا، نېرىئۇس ۋە سىڭلىسىغا، ئولىمپاس
ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىكى بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرگە سالام
ئېيتقايسىلەر.
16 بىر-بىرىڭلار بىلەن پاك سۆيۈشلەر بىلەن سالاملىشىڭلار.
مەسىھنىڭ ھەممە جامائەتلىرىدىن سىلەرگە سالام!

---

**7:16 «يەھۇدىي قېرىنداشلىرىم ئاندرونىكۇس ۋە يۇنىيا»** — مۇشۇ يەردىكى «قېرىنداشلىرىم» يەنە «ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم» دېگەن مەنىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇلار روسۇللارنىڭ قارىشىدا بەك ئابرۇيلۇق كىشىلەر».

**15:16 «فىلولوگۇس ۋە يۇلىيا»** — بەلكىم ئەر-ئايال.

**16:16** 1كور. 20:16؛ 2كور. 12:13؛ 1تېس. 26:5؛ 1پېت. 14:5.

## ئاخىرقى نەسىھەت

17 قېرىنداشلار، سىلەردىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، سىلەر ئۆگەنگەن
تەلىمگە قارشى چىققان، ئاراڭلاردا ئىختىلاپلارنى پەيدا قىلىدىغان
ۋە ئادەمنى ئېتىقاد يولىدىن تېيىلدۇرىدىغان كىشىلەردىن پەخەس
بولۇڭلار، ئۇلاردىن نېرى بولۇڭلار. 18 بۇنداق كىشىلەر رەببىمىز
مەسىھكە ئەمەس، بەلكى ئۆز قارنىغا قۇل بولىدۇ؛ ئۇلار سىلىق-
سىپايە گەپلەر ۋە خۇشامەت سۆزلىرى بىلەن ساددىلارنىڭ قەلبىنى
ئازدۇرىدۇ.
19 سىلەرنىڭ رەبگە بولغان ئىتائەتمەنلىكىڭلاردىن ھەممەيلەن خەۋەر
تاپتى. شۇڭا ئەھۋالىڭلاردىن شادلىنىمەن؛ شۇنداقتىمۇ، ياخشى
ئىشلار جەھەتتە ئاقىل بولۇشۇڭلارنى، يامان ئىشلارغا نىسبەتەن
نادان بولۇشۇڭلارنى خالايمەن. 20 ئامانلىق-خاتىرجەملىك ئىگىسى
بولغان خۇدا ئۇزۇن ئۆتمەي شەيتاننى ئاياغ ئاستىڭلاردا يەنجىيدۇ.
رەببىمىز ئەيسانىڭ مېھىر-شەپقىتى سىلەرگە يار بولغاي!

21 خىزمەتدىشىم تىموتىي، يەھۇدىي قېرىنداشلىرىم لۇكىيۇس،
ياسون ۋە سوسىپاتىرلاردىن سىلەرگە سالام. 22 (ئۇشبۇ خەتكە قەلەم
تەۋرەتكۈچى مەنكى تەرتىيمۇ رەبدە سىلەرگە سالام يوللايمەن).
23 ماڭا ۋە ئۆيىدە دائىم يىغىلىدىغان پۈتۈن جامائەتكە ساھىبخانلىق

---

**17:16** مات. 17:18؛ كول. 8:2؛ 2تېس. 6:3؛ 2تىم. 5:3؛ تىت. 10:3؛ 2يۇھ. 10.

**18:16** ئەز. 18:13؛ فىل. 19:3.

**19:16** مات. 16:10؛ 1كور. 20:14.

20:16 **«ئامانلىق-خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان خۇدا»** — ئەسلىي تىلدا «ئامانلىق-خاتىرجەملىكنىڭ خۇداسى».

**21:16** روس. 1:13؛ 1:16؛ 5:17؛ 4:20؛ فىل. 19:2؛ كول. 1:1؛ 1تېس. 1:1؛ 2تىم. 2:3؛ 1تىم. 2:1.

22:16 **«ئۇشبۇ خەتكە قەلەم تەۋرەتكۈچى مەنكى تەرتىيمۇ رەبدە سىلەرگە سالام يوللايمەن»** — روسۇل پاۋلۇسنىڭ كۆزى ئاجىز بولغاچقا، ئادەتتە ياردەمچىگە خەتلىرىنى يازدۇراتتى. تەرتىي ئۇنىڭ ئۈچۈن «رىملىقلارغا»نىڭ قەلەم تەۋرەتكۈچىسى (خاتىرىلىگۈچى) بولغانىدى.

قىلىدىغان گايۇستىن سىلەرگە سالام. شەھەرنىڭ خەزىنىچىسى ئېراستۇس سىلەرگە سالام يوللايدۇ، قېرىندىشىمىز كۇۋارتۇسمۇ شۇنداق.
[24]رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى ھەممىڭلارغا يار بولغاي! ئامىن!

## دۇئا ۋە مەدھىيە

[25]ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان سۈكۈتتە ساقلىنىپ كەلگەن سىرنىڭ ۋەھيي قىلىنىشى بويىچە، مېنىڭ ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بۇ خۇش خەۋەر، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ جاكارلىنىشى بىلەن سىلەرنى مۇستەھكەملەشكە قادىر بولغۇچىغا شان-شەرەپ بولغاي! [26]سىر بولسا ئىنسانلارنى ئېتىقادتىكى ئىتائەتمەنلىك يولىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ ئەمرىگە بىنائەن ھەم بىۋاستە ھەم بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرغانلىرى ئارقىلىق، ھازىر بارلىق ئەللەرگە ۋەھيي قىلىندى؛ [27]شۇنداق قىلغان بىردىنبىر دانا بولغۇچى خۇداغا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق شان-شەرەپ ئەبەدىلئەبەد بولغاي! ئامىن!

---

**23:16** روس. 22:19؛ 2تىم. 20:4.
**25:16** ئەف. 9:1، 9:3، 20؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 10:1؛ تىت. 2:1؛ 1پېت. 20:1.

# قوشۇمچە سۆز

## ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇش مەسىلىسى ئۈستىدە (13-باب)

مۇقەددەس كىتابدا خاتىرىلەنگەن، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھوقۇقدارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەلىملەر، جۈملىدىن روسۇل پاۋلۇسنىڭ تەلىملىرىنى (مەسىلەن، «رىملىقلارغا» 13-باب) تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلىسەك بولىدۇ: —

(1) «ئىنسانىيەت گۇناھقا تېيىلىپ پېتىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن (خۇدانىڭ نىجاتىنى ئىگە بولغۇچە)، گۇناھقا نىسبەتەن تىزگىنلىنىشى كېرەك بولغاچقا، خۇدا بۇ ئىشنىڭ بىر قىسمىنى ھۆكۈمەت-ھاكىمىيەتلەر ئارقىلىق ئورۇنلايدۇ: — «ھەممە ئادەم ئۈزلىرىنى ئىدارە قىلغۇچى ھوقۇق ئىگىلىرىگە بويسۇنسۇن. چۈنكى خۇدا تىكلىمىگەن ھۆكۈمەت بولماس؛ ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بولغاندۇر» («رىم.» 1:13). بۇ خۇدانىڭ رەھىمدىللىقىدىن بولغان بىر ئىش؛ شۇنداقتىمۇ، بۇ رەھىمدىللىقىنىڭ بىر قىسمى شۇكى، ئۇ گاھى ۋاقىتلاردا مەلۇم بىر ئەلگە ساۋاق بېرىش ئۈچۈن، توۋا قىلىپ قەلبلىرىنى ماڭا قاراتسۇن دەپ رەھىمسىز ھۆكۈمدارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرگۈزىدۇ. مەسىلەن «يەش.» 1:19-4نى كۆرۈڭ. شۇ ۋاقىتتا خۇدا مىسىرلىقلارنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن توۋا قىلسۇن دەپ ئۇلارنى «رەھىمسىز بىر ھۆكۈمران،... ئەشەددىي بىر پادىشاھنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ».

بۇنداق ئىشلار يەنە شۈبھىسىزكى، روسۇلنىڭ: «خۇدا... پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى (ساقلىغۇچىسى)» دەپ كۆرسەتكەن ھەقىقىتىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى بولۇشى كېرەك («1تىم» 10:4).

(2) شۇڭا ئېتىقادچىلار قايسى ھۆكۈمەت ئاستىدا بولسۇن، ئۇلارغا بويسۇنۇشى، جۈملىدىن باج تاپشۇرۇشى لازىم («تىت.» 1:3-2، «رىم.» 3:13-6).

(3) ئېتىقادچىلار ئۆز ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرگەنلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىشى كېرەك. «1تىم» 1:2-4نى كۆرۈڭ. ئۇنداق دۇئانىڭ روشەن مەقسىتى، خۇدانىڭ بۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۆز قورقۇنچىغا، ھەققانىي كۆزقاراشلارغا، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا، خۇش خەۋەرنى ئەركىن يەتكۈزۈشكە يول قويۇشقا قايىل قىلىپ

يېتەكلىشى ئۈچۈندۇر.

(4) ھوقۇق تۇتقان كىشىلەر خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قانۇنلارنى ياكى پەرمانلارنى چىقارسا ياكى قول ئاستىدىكىلەرنى ناتوغرا ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىغان بولسا، ئېتىقادچىلار ئۇلارغا بويسۇنماسلىقى كېرەك. مەسىلەن «روس.» 4:19-20دە، يەھۇدىي ھۆكۈمدارلار روسۇللاردىن پېترۇس ۋە يۇھاننانى ئەيسانىڭ نامىنى جاكارلاشتىن مەنئى قىلغان، پېترۇس: «خۇدانىڭ ئالدىدا سىلەرگە بويسۇنۇش توغرىمۇ ياكى خۇداغىمۇ؟ بۇنىڭغا ئۆزۈڭلار بىر نىمە دەڭلار!» دېگەن.

(5) ئادالەتسىز ھۆكۈمەتلەرنى، بولۇپمۇ خۇدانىڭ سۆزىنى جاكارلاشقا قارشى تۇرغان ھۆكۈمەتلەرنى ئاغدۇرۇش ئېتىقادچىلار بىۋاستە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆز ئىشىدۇر. رەب ئەيسا رىملىق ۋالىي پونتىئۇس پىلاتۇس تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ «پادىشاھ ئىكەن»لىكى ۋەجىدىن سوراقتا تارتىلغاندا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: —

«مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ دۇنياغا تەۋە ئەمەستۇر. ئەگەر بۇ دۇنياغا تەۋە بولغان بولسا، خىزمەتچىلىرىم مېنىڭ يەھۇدىيلارغا تاپشۇرۇلماسلىقىم ئۈچۈن جەڭ قىلغۇاتقان بولاتتى. ھالبۇكى، مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ يەرگە تەۋە ئەمەستۇر» («يۇھ.» 18:36).

شۇنىڭ بىلەن ئېتىقادچىلار مەلۇم بىر ھۆكۈمەتنى غۇلىتىپ، باشقا بىرسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئارىلاشماسلىقى كېرەك. تارىختا كۆپ ۋەقەلەردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، «خۇدا سوتچىدۇر؛ ئۇ بىرسىنى كۆتۈرىدۇ، بىرسىنى تۆۋەنلىتىدۇ» («زەب.» 75:7). يېقىنقى تارىختا، رۇمىنىيەدىكى چاۋشىسكۇنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمىتى پەقەت بىر پارچە «تازىلىق قەغەز» بىلەن غۇلىتىلغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ (رۇمىنىيە ھۆكۈمىتى كۆپ مۇقەددەس كىتابلارنى مۇسادىرە قىلىپ ئۇلارنى «تازىلىق قەغەز»لەرگە ئايلاندۇرغانىدى).

(6) ئېتىقادچىلار ھۆكۈمەت ئىشلىرى ياكى سىياسىي ئىشلار بىلەن توغرا شۇغۇللانسا بولىدۇ (مەسىلەن، دانىيال پەيغەمبەر كۆپ يىللار ئىچىدە بىر بۇتپەرەس ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي خادىمى بولغانىدى). ئەمما سىياسىي ئىشلار ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۆزىنى پاك-دىيانەت تۇتۇپ ئۇلارغا ئارىلىشىش ئىنتايىن تەس، خۇدانىڭ ئالاھىدە چاقىرىقى بولمىسا شۇ ئىشلارغا يېقىنلىشىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، دەپ قارايمىز.

بۇ تېمىنىڭ دائىرىسى مۇشۇ ئاددىي يەكۈندىن كەڭ، ئەلۋەتتە، ئەمما يۇقىرىقى سۆزلىرىمىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇقەددەس يازمىلار ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىشلىرىغا تۈرتكە بولسۇن دەپ ئارزۇ قىلىمىز.

ئىنجىل 7-قىسىم

# «كورىنتلىقلارغا «1»»

## روسۇل پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان بىرىنچى مەكتۇپ

## كىرىش سۆز

### كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتنىڭ تارىخى

روسۇل پاۋلۇسنىڭ كورىنت شەھىرىگە تۇنجى كېلىشى توغرىسىدا ئىنجىل «روس.» 1:18-18دا خاتىرىلەنگەن. كورىنت بولسا گرېتسىيە (يۇنان)دىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز پورتى ئىدى. دۇنيادىكى بارلىق پورتلاردەك ئۇ ھەرقايسى ئەلدىن كەلگەن ھەر تۈرلۈك ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، مۇشۇ ياقا يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئۆزىگە خاس بولغان بۇتپەرەسلىكىنى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلار بار بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بىراق كۆپىنچىسى بۇتپەرەس ئىدى. شۇ سەۋەبلىك كورىنتنىڭ رىم ئىمپېرىيەسىدىكى «بۇتپەرەسلىك پايتەختى» ھەم «پاھىشۋازلىق پايتەختى» دەپ ئاتىقى چىققانىدى. شەھەردە ئۆزىگە خاس بولغان «بۇتپەرەسلىك پاھىشۋازلىقى» ئىپادىلىنىدىغان 1000دىن ئارتۇق بۇتخانا بار ئىدى.

پاۋلۇس كورىنتقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك «سىناگوگ» (يەھۇدىيلارنىڭ ىبادەتخانىسى)قا كىرىپ خۇش خەۋەرنى جاكارلاشقا باشلىدى. شۇ يەردە كۆپ ئادەملەر خۇدانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن ئادەتتىكىدەكلا، ئەيسا مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنى رەت قىلغان بىر قىسىم يەھۇدىيلار ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغانلار (يەھۇدىيلار ۋە يات

ئەللەردىن بولغانلار)نى «سىناگوگتىكى جامائەت»تىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن كورىنت شەھرىدە «مەسىھىي جامائەت» تۇغۇلدى. پاۋلۇس كورىنتتا ئون سەككىز ئاي تۇرۇپ خۇش خەۋەرنى جاكارلاش، قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. روسۇل پاۋلۇس ئۇشبۇ خېتىدە ئېيتقىنىدەك، پاۋلۇسنى جامائەتنى «تۇغقۇچى»، ئۇنىڭغا «ئاتا» بولغۇچى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما مەلۇم سەۋەبلەردىن قانداقتۇر ئۇ ئۇز ئادىتىدىكىدەك جامائەتتە ئاقساقاللارنى بېكىتەلمىگەنىدى؛ بۇنداق بولۇشى بەلكىم ئەينى چاغدا ئۇ ئۇلار ئارىسىدا شۇنچە كۆپ ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ جامائەتتىكىلەر روھىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتمىگەچكە، ئاقساقاللىق مەسئۇلىيىتىگە تەييار بولغان ھېچكىم تېخى چىقمىغان بولسا كېرەك ياكى (تېخىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن) جامائەتنىڭ ئۆزى ئاقساقاللارنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئەمەس بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇشبۇ خەت ئەفەسۇس شەھرىدە يېزىلغان (8:16). پاۋلۇس شۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىدا ئۈچ قېرىنداش، يەنى ئىستىفاناس، فورتۇناتۇس ۋە ئاخايكۇس ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ، كورىنت جامائىتى يازغان بىر خەتنى كۆتۈرۈپ كەلدى (17:16). ئۇلارنىڭ خېتىدە ئېتىقاد ھاياتى توغرۇلۇق قويۇلغان بىرنەچچە سوئال بار ئىدى. مۇشۇ سوئاللار توۋەندىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى: —

(1) ئەر-ئاياللىق ياكى تەنها ھايات توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر (7-باب)؛

(2) بۇتلارغا نەزىر قىلىنغان تائاملارنى يېگىلى بولامدۇ، بولمامدۇ؟ (8-باب، 10:15-33)؛

(3) خۇدانىڭ خىزمىتىگە مەخسۇس ئايرىلغانلارنىڭ ئەھۋالى؛ ئۇلارغا قانداق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەر (9-باب)؛

(4) جامائەت سورۇنلىرىدا ئەرلەر ۋە قىز-ئاياللارنىڭ باشلىرىغا بىر نەرسە ئارتىشى كېرەك ياكى كېرەك ئەمەسلىكى توغرۇلۇق (11:17-33)؛

(5) «رەببىنىڭ داستىخىنى» — جامائەت سورۇنىدا «نان ئۇشتۇش» توغرۇلۇق؛

(6) «روھىي ئىلتىپاتلار» (12-14-باب)؛

(7) ئۆلۈمدىن تىرىلىش (15-باب)؛

(8) جامائەتنىڭ يوقسۇل-ھاجەتمەنلەرگە ياردەمدە بولۇپ ئىئانە قىلىشى (16:1-4)؛

(9) ئاپوللوسنىڭ جامائەتنى كۆچەيتىش ئۈچۈن كېلىش ئىمكانىيىتى (12:16)؛

پاۋلۇس كورىنت شەھىرىگە كەلگىنىگە ئۈچ يىلدىن سەل ئاشقانىدى. ئەينى چاغدا جامائەتتىكى ئېتىقادچىلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭقۇر بۇتپەرەسلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلغانىدى. بىراق ئۇ ئۇلارنىڭ شۇ ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئىچىدە ھەرقانداق ھەسەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق قاتارلىقلاردىن ھەم «ئىنسانىي ئوي-پىكىرلىرى»دىن خالاس بولۇشىنى، قىسقىسى مەسىھتە «روھىي ئادەملەر»دىن بولۇشىنى نورمال ۋە تېگىشلىك ئىش دەپ قارايتتى. بۇ بىزلەر ئۈچۈنمۇ چوڭ ساۋاق بولۇشى كېرەكتۇر. سىز مەسىھكە ئېتىقاد باغلىغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ ئۈچ يىلدىن ئارتۇقمۇ؟ ئەمدى مەسىھتە بولغان مول نىجاتتىن قانچىلىكىنى ئۆزىڭىزگە سىڭدۈرۈپ قوبۇل قىلدىڭىز؟

ھالبۇكى، بىزنىڭ روسۇلنىڭ شۇنچە كۆپ مەسىلىلىرى بولغان بۇنداق بىر جامائەتكە خەت يېزىشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن خۇداغا مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى بىزنىڭ (مەيلى ئۆز شەخسىيىتىمىزنىڭ بولسۇن ياكى جاھاندا بولغان جامائەتلەرنىڭ بولسۇن) ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن بۇگۈنكى قىيىنچىلىقلىرىمىز ۋە مەسىلىلىرىمىزدىن ئازاد قىلىنىش يولىنى تېپىشىمىزغا يېتەكلىگۈچى بولىدۇ. مېھىر-مۇھەببەت توغرۇلۇق ئەزەلدىن بۇيان يېزىلىپ كەلگەن بارلىق يازمىلار ئىچىدە ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئۆتكۈر سۆزلەر مۇشۇ خەتتىن تېپىلىدۇ (13-باب).

ئەسلىدە پاۋلۇس ئوقۇرمەنلەرنى بۇ خەتنى بىرىولىلا ئوقۇپ چىقسۇن دەپ يازغانىدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بەزى قىيىن ئايەتلەر ۋە روسۇل كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن مەلۇم بىرنەچچە ھەقىقەت ئۈستىدە، شۇنداقلا ھازىرقى زامانىمىزدا بۇلارنى قانداق تەتبىقلىغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## مەزمۇن: -


| | |
|---|---|
| 1:1ـ9 | سالاملىشىش، تەشەككۈر ئېيتىش |
| 1:10ـ31 | بۆلۈنۈش؛ بىرلىكنىڭ بىردىنبىر ئاساسى |
| 2ـباب | روھقا تايىنىش ياكى ئۆز زېھنىگە تايىنىش؟ |
| 3ـباب | «ئەت»كە قۇل بولۇش، بۆلۈنۈشلەر؛ ھەقىقىي ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلۇش |
| 4ـباب | خۇدانىڭ خىزمىتىدىكى «غوجىدارلار»نىڭ مەسئۇلىيەتلىرى |
| 5ـباب | رەزىل ئادەمنى جامائەتتىن چىقىرىش كېرەك |
| 6:1ـ8 | ئېتىقادچىلارنىڭ بىر-بىرىگە قىلىدىغان ئەرزلىرى |
| 6:9ـ20 | مۇقەددەسلىك توغرۇلۇق |
| 7ـباب | ئەر-خوتۇنلۇق، تەنھالىق |
| 8ـباب | بۇتلارغا نەزىر قىلىنغان تائاملار |
| 9ـباب | روسۇللارنىڭ ئەركىنلىكى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جامائەتتە بولغان قۇللۇقى |
| 10ـباب | ئىسرائىلدىن ئالغان ساۋاقلار |
| 11:1ـ16 | باشنى يېپىش-ياپماسلىق توغرۇلۇق |
| 11:17ـ34 | «رەببىنىڭ داستىخىنى» |
| 12ـباب | روھىي ئىلتىپاتلار |
| 13ـباب | مېھىر-مۇھەببەت |
| 14ـباب | روھىي ئىلتىپاتلار |
| 15ـباب | ئۆلۈمدىن تىرىلىش |
| 16ـباب | ئىئانە قىلىش، ئاخىرقى سۆزلەر |

# كورىنتۇسلۇقلارغا «1»

## روسۇل پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان بىرىنچى مەكتۇپ

### سالام

1 [2-1] خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مەسىھ ئەيسانىڭ روسۇلى دەپ
چاقىرىلغان مەنكى پاۋلۇستىن ۋە قېرىندىشىمىز سوستېنىستىن
كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتكە، مەسىھ ئەيسادا پاك-مۇقەددەس
قىلىنىپ، «مۇقەددەس بەندىلىرىم» دەپ چاقىرىلغانلارغا ۋە
شۇنىڭدەك ھەر يەرلەردە رەب ئەيسا مەسىھنىڭ (ئۇ ئۇلارغا ۋە
بىزگە مەنسۇپ!) نامىغا نىدا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە سالام!
[3] ئاتىمىز خۇدا ھەم رەب ئەيسا مەسىھتىن سىلەرگە مېھىر-شەپقەت ۋە
خاتىرجەملىك بولغاي!
[4] خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسادا سىلەرگە ئاتا قىلىنغان مېھىر-شەپقىتى
تۈپەيلىدىن خۇدايىمغا ھەردائىم تەشەككۈر ئېيتىمەن؛ [5] بۇنىڭ بىلەن
سىلەر ئۇنىڭدا ھەر تەرەپتە، ھەرقانداق سۆزدە، ھەر تەرەپتىكى
بىلىملەردە باي قىلىنغانسىلەر، [6] خۇددى مەسىھنىڭ گۇۋاھلىقى
سىلەردە تەستىقلانغاندەك. [7] شۇنىڭ بىلەن سىلەردە ھەرقانداق روھىي

2-1:1 **«ھەر يەرلەردە رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ئۇ ئۇلارغا ۋە بىزگە مەنسۇپ! نامىغا نىدا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى»** — بۇ ئىبارە «ئالەمشۇمۇل جامائەت»نىڭ ئاددىي ۋە يىغىنچاق بىر تەبىرىدۇر

**2-1:1** يۇھ. 19:17؛ روس. 9:15؛ رىم. 7:1؛ ئەف. 1:1؛ 1تىم. 7:4؛ 2تىم. 22:2.

**3:1** رىم. 7:1؛ 2كور. 2:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1.

5:1 **«بۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇنىڭدا ھەر تەرەپتە ... باي قىلىنغانسىلەر»** — «ئۇنىڭدا» — مەسىھ ئەيسادا.

**5:1** كول. 9:1.

6:1 **«... خۇددى مەسىھنىڭ گۇۋاھلىقى سىلەردە تەستىقلانغاندەك»** — خۇدانىڭ ئۇلارغا روھىي ئىلتىپاتلارنى بېغىشلىغانلىقى: (1) خۇدانىڭ كورىنتلىقلارغا پاۋلۇسنىڭ مەسىھ توغرۇلۇق

ئىلتىپات كەملىك قىلماستىن، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئايان
قىلىنىشىنى كۈتىسىلەر؛ 8 ئۇ يەنە سىلەرنى مۇستەھكەملەيدۇكى،
رەب ئەيسا مەسىھنىڭ كۈنى كەلگۈچە ئەيىبسىز ساقلىنىسىلەر؛
9 خۇدا سۆزىدە تۇرغۇچىدۇر ــ سىلەرنى ئۆز ئوغلى رەب ئەيسا مەسىھنىڭ
سىرداش-ھەمدەملىكىگە چاقىرغۇچى دەل ئۇنىڭ ئۆزىدۇر.

## بۆلۈنۈشلەر توغرۇلۇق

10 ئەمدى مەن سىلەردىن رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن
شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئى قېرىنداشلار، گېپىڭلار بىر يەردىن چىقسۇن،
ئاراڭلاردا بۆلگۈنچىلىك بولمىسۇن، بىر پىكىردە، بىر نىيەتتە كامىل
بىرلەشتۈرۈلۈڭلار؛ 11 چۈنكى كلوۋىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ماڭا

---

بولغان گۇۋاھلىقىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىنى ۋە (2) خۇدانىڭ مەسىھنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن مەسىھكە تەۋە ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغىنى ئىدى. مەسىلەن، خۇدا روھىي ئىلتىپاتلىرى ئارقىلىق كورنېلىئۇسدىكىلەرنى «مېنىڭ ئادەملىرىم» دەپ تەستىقلىغانىدى («روس.» 44:10-48گە قاراڭ. «روھىي ئىلتىپاتلار»نى چۈشىنىش ئۈچۈن 12- ۋە 14-بابقا قاراڭ.

7:1 **«رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئايان قىلىنىشى»** ــ رەب دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە ئۇ ھەر ئادەمگە ئايان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

**7:1** فىل. 20:3؛ تىت. 13:2.

8:1 **«رەب ئەيسا مەسىھنىڭ كۈنى»** ــ ئۇنىڭ زېمىنغا قايتا كېلىدىغان كۈنى.

**8:1** 1تېس. 13:3؛ 23:5.

9:1 **«خۇدا سۆزىدە تۇرغۇچىدۇر»** ــ دېمەك، خۇدا ئادەمنى ئۆزىنىڭ پاك-مۇقەددەس سىرداش-ھەمدەملىكىگە چاقىرغاچقا، ئۆز مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇنى يەنە ئاخىرغىچە گۇناھ ۋە شەيتاننىڭ ئىلكىدىن ساقلاپ، پاك ھاياتتا ياشاشقا كۈچەيتىشكە ۋەدە قىلغان.

**9:1** يەر. 40:32-44؛ يۇھ. 5:15؛ 1كور. 13:10؛ گال. 20:2؛ 1تېس. 24:5؛ 1يۇھ. 3:1.

10:1 **«مەن سىلەردىن رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئى قېرىنداشلار...»** ــ «قېرىنداشلار» ئىنجىلدا «ئېتىقادچى ئاكا-ئۇكىلار» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما پۈتكۈل مۇقەددەس كىتابتا قېرىنداشلار («ئېتىقادچى ئاكا-ئۇكىلار») «ئېتىقادچى ئاچا-سىڭىللار»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پرىنسىپ «يار.» 27:1دە كۆرۈنىدۇ؛ «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى» بولغان «ئادەم»نىڭ ئۆزى «ئەر-ئايال»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز «قېرىنداشلار» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

**10:1** رىم. 16:12؛ 5:15؛ فىل. 2:2؛ 16:3؛ 1پېت. 8:3.

سىلەر توغراڭلاردا ئېيتىشچە، ئى قېرىنداشلىرىم، ئاراڭلاردا
تالاش-تارتىشلار بار ئىكەن. [12]دېمەكچى بولغىنىم شۇكى،
ھەربىرىڭلار: «مەن پاۋلۇسنىڭ تەرەپدارى»، «مەن ئاپوللوسنىڭ
تەرەپدارى»، «مەن كېفاسنىڭ تەرەپدارى» ۋە «مەن مەسىھنىڭ
تەرەپدارى» دەۋاتىسىلەر. [13]ئەجەبا، مەسىھ بۆلۈنگەنمىكەن؟
سىلەر ئۈچۈن كرېستلەنگەن ئادەم پاۋلۇسمىدى؟ سىلەر
پاۋلۇسنىڭ نامىغا چۆمۈلدۈرۈلدۈڭلارمۇ؟
[14]مەن خۇداغا تەشەككۈر ئېيتىمەنكى، ئاراڭلاردىن كرىسپۇس
بىلەن گايۇستىن باشقا ھېچقايسىڭلارنى چۆمۈلدۈرمىدىم؛
[15]شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم مېنى ئۆزىنىڭ نامىدا ئادەملەرنى
چۆمۈلدۈردى، دېيەلمەيدۇ. [16]دۇرۇس، مەن يەنە ئىستىفاناسنىڭ
ئۆيىدىكىلەرنىمۇ چۆمۈلدۈردۈم؛ باشقا بىراۋنى چۆمۈلدۈرگىنىمنى
ئەسلىيەلمەيمەن.
[17]چۈنكى مەسىھ مېنى ئادەملەرنى چۆمۈلدۈرۈشكە ئەمەس،
بەلكى خۇش خەۋەرنى جاكارلاشقا ئەۋەتتى؛ ئۇنى جاكارلاش بولسا
ئىنسانىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن بولماسلىقى كېرەك؛ ئۇنداق
بولغاندا مەسىھنىڭ كرېستتىكى قۇربانلىقىنىڭ كۈچى يوقىتىلغان
بولىدۇ. [18]چۈنكى كرېستتىكى قۇربانلىقى توغرۇلۇق سۆز-كالام
ھالاكەتكە كېتىۋاتقانلارغا ئەخمەقلىق، ئەمما قۇتۇلدۇرۇلۇۋاتقان
بىزلەرگە خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىدۇر. [19]چۈنكى مۇنداق پۈتۈلگەنكى،
«مەن دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمەنلىكىنى يوقىتىمەن، ئاقىللارنىڭ

---

**12:1** **«كېفاس»** ــ روسۇل پېترۇسنىڭ ئىبرانىيچە ئىسمى ئىدى.

**12:1** روس. 24:18؛ 1كور. 4:3؛ 12:16.

**13:1** **«سىلەر پاۋلۇسنىڭ نامىغا چۆمۈلدۈرۈلدۈڭلارمۇ؟»** ــ «چۆمۈلدۈرۈلدۈڭلارمۇ» مۇشۇ يەردە سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشنى كۆرسىتىدۇ.

**14:1** روس. 8:18؛ رىم. 23:16.

**16:1** 1كور. 15:16، 17.

**17:1** 1كور. 1:2، 4؛ 2پېت. 16:1.

**18:1** رىم. 16:1.

**ئاقىللىقىنى چەتكە قاقىمەن». [20]ئۇنداقتا، دانىشمەنلەر قېنى؟
تەۋرات ئۆلىمالىرى قېنى؟ بۇ دۇنيادىكى بەس-مۇنازىرە قىلغۇچىلار
قېنى؟ خۇدا بۇ دۇنيادىكى دانالىقنى ئەخمەقلىق دەپ كۆرسەتكەن ئە
مەسمۇ؟ [21]چۈنكى خۇدا دانالىقى بىلەن بېكىتكىنى بويىچە، دۇنيا
ئۆز دانالىقى ئارقىلىق خۇدانى تونۇمىغان، شۇڭا خۇدا ئەخمەقانە
دەپ قارالغان، جاكارلىنىۋاتقان سۆز-كالام ئارقىلىق ئۇنىڭغا
ئىشەنگۈچىلەرگە نىجاتلىق يەتكۈزۈشنى لايىق كۆرگەن. [22]چۈنكى
يەھۇدىيلار مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى، گرېكلار بولسا «دانالىق»نى
تەلەپ قىلىدۇ؛ [23]ئەمما بىز بولساق مەسىھنى، يەنى كرېستلەنگەن
مەسىھنى جاكارلايمىز؛ بۇ يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن بىزارلىق
ئىش، ئەللەرگە نىسبەتەن ئەخمەقانىلىك دەپ قارىلىدۇ؛ [24]ئەمما
چاقىرىلغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەيلى يەھۇدىيلار بولسۇن ياكى
گرېكلار بولسۇن، مەسىھ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە خۇدانىڭ دانالىق
ىدۇر. [25]چۈنكى خۇدانىڭ ئەخمەقانىلىكى ئىنسانلارنىڭ دانالىقىدىن
ئۈستۈندۇر، خۇدانىڭ ئاجىزلىقى ئىنسانلارنىڭ كۈچىدىن ئۈستۈندۇر.
[26]چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، سىلەرنىڭ چاقىرىلغان ۋاقتىتىكى
هالىڭلار ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىڭلار؛ چاقىرىلغانلار ئارىسىدا**

---

19:1 **«چۈنكى مۇنداق پۈتۈلگەنكى...»** ــ «مۇنداق پۈتۈلگەن» ــ مۇقەددەس كىتابتا يېزىقلىق. مۇشۇ يەردىكى سۆزلەر تەۋرات، «يەش.» 14:29دىن ئېلىنغان.

**19:1** ئايۇپ 12:5؛ يەش. 14:29.

**20:1** يەش. 18:33.

**21:1** مات. 25:11؛ لۇقا 21:10.

22:1 **«... گرېكلار بولسا «دانالىق»نى تەلەپ قىلىدۇ»** ــ شۇ زاماندىكى گرېك مەدەنىيىتىدە پەلسەپەنى چوقۇنۇش دەرىجىسىگە يەتكەن دېگىلى بولىدۇ (مەسىلەن، «روس.» 21:17 ۋە ئالدى-كەينىدىكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).

**22:1** مات. 38:12؛ 1:16؛ يۇھ. 48:4.

23:1 **«بۇ يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن بىزارلىق ئىش...»** ــ ياكى «بۇ يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن پۈتلىكاشاڭ...».

**23:1** مات. 6:11. يۇھ. 60:6، 66.

**24:1** كول. 3:2.

ئىنسانىي تەرەپتىن دانا قارالغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، كۈچ-ھوقۇققا
ئىگە بولغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئاقسۆڭەكلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىد
ى؛ [27] بەلكى خۇدا دانالارنى خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى
ئەخمەق سانالغانلارنى تاللىۋالدى؛ كۈچلۈكلەرنى خىجالەتكە
قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئاجىز سانالغانلارنى تاللىۋالدى؛ [28] ئۇ
يەنە بۇ دۇنيادىكى قەدىرسىزلەرنى، پەس كۆرۈلىدىغانلارنى تاللىۋالدى،
«يوق بولغان نەرسىلەر»نى مەۋجۇت شەيئىلەرنى يوققا چىقىرىۋېتىش
ئۈچۈن تاللىۋالدى. [29] ئۇنىڭ مەقسىتى خۇدا ئالدىدا ھېچ ئەت ئىگىسى
ماختانماسلىق ئۈچۈندۇر. [30] ئەمما ئۇنىڭ تەرىپىدىن سىلەر مەسىھ
ئەيسادا تۇرىسىلەر؛ ئۇ بىزگە خۇدادىن كەلگەن دانالىق، ھەققانىيلىق،
پاك-مۇقەددەسلىك ۋە ھۆرلۈك-ئازادلىق قىلىنغاندۇر؛ [31] شۇنىڭدەك
تەۋراتتا پۈتۈلگەندەك: «پەخىرلىنىپ ماختىنغۇچى بولسا رەبدىن
پەخىرلىنىپ ماختانسۇن!».

2 [1] مەن بولسام، ئى قېرىنداشلار، يېنىڭلارغا بارغىنىمدا، خۇدانىڭ
گۇۋاھلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن ھېچ گەپدانلىق ياكى ئەقىل-
دانالىق ئىشلىتىپ كەلگەن ئەمەسمەن؛ [2] چۈنكى مەن ئاراڭلاردا ئەيسا
مەسىھتىن باشقا، يەنى كرېستلەنگەن مەسىھتىن باشقا ھېچنېمىنى

---

**26:1 «ئىنسانىي تەرەپتىن...»** — گرېك تىلىدا «ئەتنىڭ كۆزقارىشىچە...».

**26:1** يۇھ. 48:7؛ ياق. 5:2.

**28:1 «مەۋجۇت شەيئىلەر»** — مۇشۇ يەردە ھەرخىل ئادەملەرنى، ھۆكۈمرانلارنى، دۆلەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**30:1 «ئۇنىڭ تەرىپىدىن سىلەر مەسىھ ئەيسادا تۇرىسىلەر...»** — «ئۇنىڭ تەرىپىدىن» خۇدا تەرىپىدىن، دېمەك. **«ھۆرلۈك-ئازادلىق قىلىنغاندۇر»** — «ھۆرلۈك-ئازادلىق» گۇناھنىڭ ۋە شەيتاننىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد بولۇشتۇر.

**30:1** يەر. 5:23؛ يۇھ. 19:17.

**31:1 «شۇنىڭدەك تەۋراتتا پۈتۈلگەندەك...»** — ئىنجىلدا «پۈتۈلگەندەك» دېيىلگەندە، «مۇقەددەس كىتابتا پۈتۈلگەندەك» دېگەن مەنىدە. مۇشۇ يەردە «يەر.» 24:9.

**31:1** يەش. 16:65؛ يەر. 23-22:9؛ 2كور. 17:10.

**1:2** 1كور. 17:1؛ 4:2.

بىلمەسلىككە بەل باغلىغانىدىم؛ [3]مەن ئاراڭلاردا بولغان ۋاقتىمدا
ئاجىزلىقتا، قورقۇنچتا ۋە تىترىگەن هالەتتە بولاتتىم؛ [4]مېنىڭ
سۆزلىرىم هەم جاكارلىشىم بولسا ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك
ئىنسانىي دانالىق سۆزلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى روهنىڭ ئالامەت
كۆرسىتىشلىرى ۋە كۈچ-قۇدرەت بىلەن بولغان ئىدى. [5]بۇنىڭدىن
مەقسەت سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلار ئىنسانىي دانالىقتا ئەمەس، بەلكى
خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە باغلانسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

[6]هالبۇكى، كامالەتكە يەتكەنلەر ئارىسىدا بىز دانالىقنى بايان
قىلىمىز؛ بۇ دانالىق بۇ دەۋردىكى دانالىق ئەمەس، ياكى بۇ دەۋردىكى
هۆكۈمرانلارنىڭ دانالىقى ئەمەس (ئۇلار زاۋاللىقتا يۈز تۇتقاندۇر)؛
[7]ئەمما بىز بىر سىرنى ئاشكارىلاپ، خۇدانىڭ بىر دانالىقىنى بايان
قىلىمىز؛ خۇدا ئەسلىدە ئاشكارە قىلىنمىغان بۇ دانالىقنى بارلىق
دەۋرلەردىن بۇرۇن بىزنىڭ شان-شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇشىمىز
ئۈچۈن بېكىتكەنىدى. [8]بۇ دانالىقنى بۇ دەۋردىكى هۆكۈمرانلارنىڭ

3:2 **«مەن ئاراڭلاردا بولغان ۋاقتىمدا ئاجىزلىقتا، قورقۇنچتا ۋە تىترىگەن هالەتتە بولاتتىم»** — «قورقۇنچتا... ئىدىم» — بەلكىم ئۇ خۇدا ئۆزىگە تاپشۇرغان بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماسلىقىدىن قورققان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمنى قورقۇتىدىغان كۆپ سەۋەبلەرمۇ بولغان، ئەلۋەتتە («روس.» 9-10:18).

**3:2** روس. 1:18، 3؛ 2كور. 10:10.

4:2 **«... بەلكى روهنىڭ ئالامەت كۆرسىتىشلىرى ۋە كۈچ-قۇدرەت بىلەن بولغان ئىدى»** — «روه» خۇدانىڭ روهى، مۇقەددەس روهتۇر.

**4:2** 1كور. 17:1؛ 1:2؛ 2پېت. 16:1.

**5:2** 2كور. 7:4.

**6:2** ئايۇپ 21:28؛ 1كور. 24:15.

7:2 **«بىز بىر سىرنى ئاشكارىلاپ، خۇدانىڭ بىر دانالىقىنى بايان قىلىمىز...»** — «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، ئىنجىلدا «سىر» دېگەن سۆزنىڭ ئالاهىدە مەنىسى بار. سىر (گرېك تىلىدا «مىستېرىئون») خۇدا ئەسلى يوشۇرۇپ كەلگەن، ئەمدى هازىر ئاشكارىلىغان مەلۇم بىر ئىشتىن ئىبارەتتۇر.

**7:2** رىم. 25:16؛ 1كور. 1:4.

ھېچقايسىسى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى؛ ئۇنى چۈشىنىپ يەتكەن
بولسا، شان-شەرەپنىڭ ئىگىسى بولغان رەبنى كرېستلىمىگەن
بولاتتى. [9] ھالبۇكى، تەۋراتتا پۈتۈلگەنندەك: ــ
«ئۆزىنى سۆيگەنلەرگە خۇدانىڭ تەييارلىغانلىرى ــ
دەل ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن،
ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىمىغان،
ھېچقانداق كۆڭۈل ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەردۇر».
[10] ئەمما بۇ نەرسىلەرنى خۇدا روھى ئارقىلىق ئايان قىلدى؛ چۈنكى
روھ بولسا ھەممە ئىشلارنى، ھەتتا خۇدانىڭ چوڭقۇر تەگلىرىنى
ئىنچىكىلەپ ئىزلىگۈچىدۇر؛ [11] چۈنكى ئىنسانلاردا، ئىنساننىڭ
كۆڭلىدىكىنى بىلگۈچى شۇ ئىنساننىڭ روھىدىن باشقا نەرسە
بارمۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدانىڭ روھىدىن باشقا، خۇدانىڭ
كۆڭلىدىكىلىرىنى بىلگۈچى يوقتۇر. [12] ئەمما بىزنىڭ قوبۇل
قىلغىنىمىز بولسا بۇ دۇنيادىكى روھ ئەمەس، بەلكى خۇدادىن
كەلگەن روھتۇر؛ دەل شۇنداق بولغاچقا بىز خۇدا تەرىپىدىن بىزگە

---

2:8 **«بۇ دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار»** ــ بۇ سۆز بەلكىم بۇ دۇنيادىكى پادىشاھ-ھۆكۈمدارلارنى قۇترىتىدىغان، ئۇلارغا ئېزىتقۇلۇق قىلىدىغان جىن-شەيتانلارنى كۆرسەتسە كېرەك.

**2:8** مات. 25:11؛ يۇھ. 48:7؛ 16:3؛ روس. 17:3؛ 27:13؛ 2كور. 14:3؛ 1تىم. 13:1.

2:9 **«ئۆزىنى سۆيگەنلەرگە خۇدانىڭ تەييارلىغانلىرى ــ دەل ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن، ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىمىغان، ھېچقانداق كۆڭۈل ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەردۇر»** ــ «يەش.» 4:64.

**2:9** يەش. 3:64.

2:10 **«چۈنكى روھ بولسا ھەممە ئىشلارنى، ھەتتا خۇدانىڭ چوڭقۇر تەگلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئىزلىگۈچىدۇر»** ــ «روھ» ــ خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھتۇر.

**2:10** مات. 13:11؛ 2كور. 3:18.

2:11 **«ئىنسانلاردا، ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگۈچى شۇ ئىنساننىڭ روھىدىن باشقا نەرسە بارمۇ؟»** ــ «ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكى» مۇشۇ يەردە شۇ مەلۇم كىشىنىڭ شەخسىي ۋە قەلبىدىكى ئىشلارنى ئالايىتەن كۆرسىتىدۇ.

**2:11** پەند. 27:19؛ يەر. 17:9.

**سىخىيلىق بىلەن ئاتا قىلىنغان نەرسىلەرنى بىلىپ يېتەلەيمىز. [13] بۇ ئىش-شەيئىلەرنى ئىنسانىي دانالىقتىن ئۆگىتىلگەن سۆزلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى** مۇقەددەس **روھتىن ئۆگىتىلگەن سۆزلەر بىلەن، روھىي ئىشلارنى روھىي سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ سۆزلەيمىز. [14] ئەمما «جانغا تەۋە» كىشى خۇدانىڭ روھىنىڭ ئىشلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەخمىقانىلىكتۇر؛ ئۇ ئۇلارنى ھېچ چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار روھ بىلەن پەرق ئېتىلىپ باھالىنىشى كېرەكتۇر. [15] روھقا تەۋە كىشى ھەممە ئىشلارغا باھا بېرەلەيدۇ؛ ئەمما ئۇنىڭغا بولسا ھېچكىم باھا بېرەلمەيدۇ. [16] چۈنكى كىم رەبنىڭ ئوي-كۆڭلىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولالىسۇن؟ ئەمما بىز بولساق مەسىھنىڭ ئوي-كۆڭلىگە ئىگىمىز.**

---

**12:2 «بۇ دۇنيادىكى روھ»** ــ شەيتان. «بۇ دۇنيادىكى روھ» مۇشۇ يەردە بەلكىم شەيتاننىڭ كۆز-قاراشلىرى، «ئەقىللىرى»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**12:2** رىم. 15:8.

**13:2 «روھتىن ئۆگىتىلگەن سۆزلەر بىلەن»** ــ «روھ» خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھتۇر.

**13:2** 1كور. 17:1؛ 4:2؛ 2پېت. 16:1

**14:2 ««جانغا تەۋە» كىشى»** ــ «جانغا تەۋە» بولغان كىشى توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. «جانغا تەۋە» بولغان كىشى مۇقەددەس روھقا ئىگە بولمىغان كىشىدۇر؛ «ئىشەنمىگەن كىشى» دېگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ خۇدانىڭ روھىغا ئەمەس، بەلكى ھەردائىم ئۆز جېنى (ئەقىل-پىكىر، زېھىن، كۆڭۈل-كاللا، ھېسسىياتلار)غا تايىنىپ ئىشلارنى پەرق ئېتىدۇ. «روھىي كىشى» ياكى «روھقا تەۋە بولغان كىشى» بولسا ئۆز روھىدا مۇقەددەس روھنىڭ تەربىيە-تەلىمىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلارنى توغرا پەرق ئېتىدۇ. **«ئۇلار روھ بىلەن پەرق ئېتىلىپ باھالىنىشى كېرەكتۇر»** ــ بۇ 14- ۋە 15-ئايەتلەردىكى «پەرق ئېتىش» ۋە «پەرق ئېتىپ باھالىنىش» گرېك تىلىدا بىرلا پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**15:2 «روھقا تەۋە كىشى»** ــ «روھقا تەۋە» (ياكى «روھىي كىشى») ــ مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماڭىدىغان كىشى.

**15:2** پەند. 5:28.

**16:2 «كىم رەبنىڭ ئوي-كۆڭلىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولالىسۇن؟»** ــ «يەش.» 13:40.

**16:2** يەش. 13:40؛ رىم. 34:11.

3 [1]لېكىن مەن، ئى قېرىنداشلار، روھقا تەۋە كىشىلەرگە سۆز
قىلغاندەك سىلەرگە سۆز قىلالماي كېلىۋاتىمەن؛ ئەكسىچە
سىلەرنى ئەتكە تەۋە كىشىلەر، مەسىھدە بولغان بوۋاق
ھېسابلاپ سىلەرگە سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم. [2]مەن سىلەرگە
سۈت ئىچكۈزدۈم، گۆشنى يېگۈزمىدىم؛ چۈنكى سىلەر گۆشنى
ھەزىم قىلالمايتتىڭلار، شۇنداقلا ھازىرمۇ تېخى ھەزىم قىلالما
يسىلەر؛ [3]چۈنكى سىلەر يەنىلا ئەتكە تەۋەدۇرسىلەر. ئاراڭلاردا
ھەسەتخورلۇق ۋە تالاش-تارتىشلار بار بولغاچقا، سىلەر ئەتكە
تەۋە ئەمەسمۇ، ئىنسانلارچە مېڭىۋاتامسىلەر؟ [4]چۈنكى
بىرسى «مەن پاۋلۇس تەرەپدارى»، باشقا بىرسى «مەن ئاپوللوس
تەرەپدارى» دېسە، سىلەر پەقەت ئىنسانلارنىڭ يولىدا ماڭغان
بولۇپ قالامسىلەر؟
[5]ئاپوللوس دېگەن كىم؟ پاۋلۇس كىم ئىدى؟ بىز پەقەت سىلەرنىڭ
ئېتىقادىڭلارغا ۋاسىتىچى بولدۇق، خالاس؛ ھەربىرىمىز پەقەت
رەب بىزگە تەقسىم قىلغىنى بويىچە ۋەزىپە ئادا قىلىدىغان
خىزمەتكارلار، خالاس، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ [6]مەن تىكتىم، ئاپوللوس

---

**1:3 «ئەتكە تەۋە كىشىلەر»** ــ (ياكى «ئەتلىك كىشىلەر») توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»غا بەرگەن «كىرىش سۆز»دىكى «ئەت» توغرۇلۇق سۆزىمىزنى كۆرۈڭ. «ئەتلىك كىشى» ئاساسەن خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغىنى بىلەن تېخى ئۆز گۇناھلىرىنىڭ كۈچىدىن ئازاد بولمىغان كىشىدۇر.

**2:3** ئىبر. 12:5؛ 1پېت. 2:2.

**3:3 «سىلەر ئەتكە تەۋە ئەمەسمۇ، ئىنسانلارچە مېڭىۋاتامسىلەر؟»** ــ «ئىنسانلارچە» خۇدانىڭ يولىدا ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ يولىدا.

**3:3** 1كور. 11:1؛ گال. 19:5؛ ياق. 16:3.

**4:3 «پەقەت ئىنسانلارنىڭ يولىدا ماڭغان بولۇپ قالامسىلەر؟»** ــ دېمەك، خۇدانى تونۇمىغان، روھتىن تۇغۇلمىغان، تېخىچە ئادەمئاتىمىزنىڭ ئائىلىسىگە تەۋە بولغان، ئادەتتىكى گۇناھكار ئىنسانلارغا ئوخشاش.

**4:3** 1كور. 12:1.

**5:3** روس. 24:18؛ 1كور. 12:1؛ 12:16.

سۇغاردى؛ ئەمما ئۆستۈرگۈچى بولسا خۇدادۇر. [7] شۇڭا تىككۈچى
ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس، سۇغارغۇچىمۇ ھېچنېمىگە ھېساب
ئەمەس، پەقەت ئۆستۈرگۈچى خۇدا ئۆزى ھەممىدۇر. [8] ئەمما تىككۈچى
ۋە ئۇسا قىلغۇچى بولسا بىر مەقسەتتىدۇر؛ شۇنداقتىمۇ ھەربىرى ئۆز
ئەجرى بويىچە ئىنئامىنى قوبۇل قىلىدۇ. [9] چۈنكى بىز خۇداغا تەۋە
مېھنەتداشتۇرمىز؛ سىلەر بولساڭلار خۇدانىڭ باغ-ئېتىزى، خۇدانىڭ
قۇرۇلۇشىسىلەر.

[10] خۇدانىڭ ماڭا تەقسىم قىلغان مېھىر-شەپقىتى بويىچە، خۇددى
ئۇستا مېماردەك ئۇل سالدىم، ئاندىن باشقا بىرسى ئۇنىڭ ئۈستىگە
قۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما ھەربىر قۇرغۇچى قانداق قۇرۇۋاتقانلىقىغا
ئېھتىيات قىلسۇن.

[11] چۈنكى سېلىنغان ئۇلنى، يەنى ئەيسا مەسىھتىن باشقا ھېچقانداق
ئۇلنى سېلىشقا بولمايدۇ. [12] ئەمدى بىرسى بۇ ئۇل ئۈستىگە ئالتۇن،
كۈمۈش، قىممەتلىك تاشلار، ياغاچ، چۆپلەر، سامان سالسا،
[13] ھەربىرىنىڭ سىڭدۇرگەن ئەجرىنىڭ قانداقلىقى كۆرۈنىدۇ؛ چۈنكى
شۇ كۈنى ئۇنى ئاشكارە قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ماھىيىتى ئوتتا

---

3:6 **«... ئاپوللوس سۇغاردى»** ــ كورىنت شەھىرىدىكى جامائەت پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق ئېتىقاد قىلغانىدى؛ كېيىن ئاپوللوس كورىنت شەھىرىگە بېرىپ ئىشەنگۈچىلەرنى تەۋرات-زەبۇر توغرىسىدىكى بىلىملىرى ئارقىلىق زور دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرگەنىدى («روس.» 18-باب).

3:6 روس. 26:18؛ 1:19.

3:8 **«بىر مەقسەتتىدۇر»** ــ گرېك تىلىدا «بىردۇر».

3:8 زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22.

3:9 **«بىز خۇداغا تەۋە مېھنەتداشتۇرمىز»** ــ باشقا بىرخىل چۈشەندۈرۈلۈشى: «بىز خۇدا بىلەن مېھنەتداشتۇرمىز» («2كور.» 5:20، 6:1نىمۇ كۆرۈڭ).

3:9 2كور. 6:1؛ ئەف. 2:20؛ كول. 2:7؛ 1پېت. 2:5.

3:11 يەش. 28:16؛ مات. 16:18.

3:12 **«بىرسى بۇ ئۇل ئۈستىگە... قىممەتلىك تاشلار .. سالسا»** ــ «قىممەتلىك تاشلار» دېگەن ئۇخشىتىشنىڭ مۇشۇ يەردە ئومۇمىي كۆرسەتكىنى بەلكىم ياقۇت-گۆھەرلەرنى ئەمەس، بەلكى ئويۇلغان، بىنانى پۇختا قىلىدىغان قاتتىق چىداملىق تاشلارنى كۆرسەتسە كېرەك. پاۋلۇس بۇنىڭ كۆچمە مەنىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئويلىنىشىغا قالدۇرىدۇ!

كۆرۈلىدۇ؛ ئوت ھەربىر كىشىنىڭ ئەجرىنى، قانداق ماھىيەتتىن
بولغانلىقىنى سىنايدۇ. [14]بىرسىنىڭ ئۇل ئۈستىگە قۇرغان ئىشى
پۇختا ساقلىنىپ قالسا، ئۇ ئىنئامغا ئېرىشىدۇ؛ [15]بىرسىنىڭ
قۇرغىنى كۆيۈپ كەتسە، ئۇ زىيان تارتىدۇ؛ ئۇ ئۆزى قۇتۇلىدۇ، ئەمما
گويا ئوتتىن ئۆتۈپ قۇتۇلغان بىرسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. [16]ئەجەبا،
ئۆزۈڭلارنىڭ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ئىكەنلىكىڭلارنى ۋە
خۇدانىڭ روھىنىڭ سىلەردە تۇرغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ [17]بىرسى
خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى خاراب قىلسا، خۇدا ئۇنى خاراب قىلىدۇ؛
چۈنكى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى پاك-مۇقەددەستۇر، سىلەر دەل
شۇنداقسىلەر.
[18]ھېچكىم ئۆز-ئۆزىنى ئالدىمىسۇن؛ بىرسى ئۆزىنى بۇ دەۋردە دانا دەپ
سانىسا، نادان بولۇپ قالسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ دانا بولىدۇ. [19-20]چۈنكى
بۇ دۇنيادىكى دانالىق خۇداغا نىسبەتەن ئەخمەقلىقتۇر؛ چۈنكى:
— «ئۇ دانىشمەنلەرنى ئۆز ھىيلىگەرلىكىنىڭ تۇزىقىغا ئالىدۇ»،
دەپ ۋە يەنە: «رەب دانىشمەنلەرنىڭ ئوي-خىياللىرىنىڭ تۇتامى
يوقلۇقىنى بىلىدۇ» دەپ پۈتۈكلۈكتۇر.
[21]شۇڭا ھېچكىم ئىنسان دېگەنلەرنى پەخىرلىنىپ داڭلىمىسۇن؛
چۈنكى ھەممە مەۋجۇداتلار سىلەرگە تەۋەدۇر؛ [22]پاۋلۇس بولسۇن،

---

**13:3 «شۇ كۈنى ئۇنى ئاشكارە قىلىدۇ»** — «شۇ كۈنى» مەسىھ ئەيسا زېمىنغا قايتىدىغان كۈندۇر.

**13:3** يەش. 20:8؛ 10:48؛ يەر. 29:23؛ 1پېت. 7:1؛ 12:4.

**14:3 «بىرسىنىڭ ئۇل ئۈستىگە قۇرغان ئىشى پۇختا ساقلىنىپ قالسا...»** — دېمەك، «بىر كىشىنىڭ ئۇل ئۈستىگە قويغان ماتېرىياللىرى ئوتقا بەرداشلىق بېرەلىسە،...».

**16:3** 1كور. 19:6؛ 2كور. 16:6؛ ئىبر. 6:3؛ 1پېت. 5:2.

**18:3 «بىرسى ئۆزىنى بۇ دەۋردە دانا دەپ سانىسا، نادان بولۇپ قالسۇن»** — مەسىھنىڭ «مات.» 1:18-4دە ۋە «ماركا» 13:10-16دە ئېيتقان سۆزلىرىنى كۆرۈڭ.

**18:3** پەند. 7:3؛ يەش. 21:5.

20-19:3 **«ئۇ دانىشمەنلەرنى ئۆز ھىيلىگەرلىكىنىڭ تۇزىقىغا ئالىدۇ»** — «ئايۇپ» 13:5. **«رەب دانىشمەنلەرنىڭ ئوي-خىياللىرىنىڭ تۇتامى يوقلۇقىنى بىلىدۇ»** — «زەب.» 11:94.

**20-19:3** ئايۇپ 13:5؛ زەب. 11:94.

ئاپوللوس بولسۇن، كېفاس بولسۇن، دۇنيا-جاھان بولسۇن، ھايات
بولسۇن، ئۆلۈم بولسۇن، ھازىرقى ئىشلار بولسۇن، كەلگۈسى ئىشلار
بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە مەنسۇپتۇر؛ [23] سىلەر بولساڭلار
مەسىھنىڭ، مەسىھ بولسا خۇدانىڭكىدۇر.

## مەسىھنىڭ روسۇللىرىنىڭ خىزمىتى

4 [1] بىرسى بىز توغرۇلۇق بىرنېمە دېمەكچى بولسا، بىزنى
مەسىھنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە خۇدانىڭ سىرلىرى ئامانەت
قىلىنغان غوجىدارلار دەپ بىلسۇن. [2] ئەمدى غوجىدار دېگەنلەردىن
تەلەپ قىلىنىدىغىنى شۇكى، ئۇلار ۋاپادار-سادىق بولۇشى كېرەكتۇر.
[3] ئەمما مەن سىلەر تەرىپىڭلاردىن ياكى باشقا ھەرقانداق ئىنسانىي
سوت تەرىپىدىن سورۇشتۇرۇپ باھالانسام، بۇ مەن ئۈچۈن زىغىرچىلىك
ئىش؛ مەن ھەتتا ئۆزۈم توغرۇلۇق سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. [4] چۈنكى
ۋىجدانىم ئەيىبلەيدىغان ھېچقانداق ئىشلىرىمدىن خەۋىرىم يوق؛
ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئۆزى مېنى ھەققانىي دەپ ئاقلىمايدۇ؛ مېنى
سورۇشتۇرۇپ باھالىغۇچى بولسا رەبدۇر. [5] شۇڭا ۋاقتى-سائىتى
كەلمىگۈچە، يەنى رەب كەلمىگۈچە ھېچ ئىش توغرۇلۇق ھۆكۈم
چىقارماڭلار؛ رەب كەلگەندە ئۇ قاراڭغۇلۇقتىكى يوشۇرۇن ئىشلارنى
ئاشكارىلايدۇ، قەلب-دىللاردىكى بارلىق ئوي-نىيەتلەرنى ئايان
قىلىدۇ؛ شۇ چاغدا ھەربىرى خۇدا تەرىپىدىن تەرىپلىنىدۇ. [6] ئەمما، ئى
قېرىنداشلار، بۇ ئىشلارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى دەپ ئۆزۈمگە ۋە

**1:4** مات. 45:24؛ 2كور. 4:6؛ كول. 25:1؛ تىت. 7:1.

**2:4** لۇقا 42:12.

**3:4** **«ھەرقانداق ئىنسانىي سوت تەرىپىدىن...»** — دېگەن گرېك تىلىدا «ئىنسانىي بىر كۈن تەرىپىدىن...». ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى سورۇشتە قىلغۇچى بولسا مەلۇم بىر ئىنساننىڭ كۈنى ئەمەس، بەلكى مەسىھنىڭ كۈنى، يەنى قىيامەت كۈنىدۇر.

**4:4** مىس. 34:7؛ ئايۇپ 9:2؛ زەب. 143:2.

**5:4** دان. 7:10؛ مات. 7:1؛ رىم. 2:1؛ ۋەھ. 20:12.

**ئاپوللوسقا تەتبىقلىدىم؛ مەقسەت سىلەر بىز ئارقىلىق «پۇتۇلگەننىڭ
دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار» دېگەن ساۋاقنى ئۆگىنىشىڭلار،
شۇنداقلا ھېچقايسىڭلارنىڭ مەلۇم بىرسىنى باشقا بىرسىدىن ئۈستۈن
دەپ پەخىرلىنىپ تەكەببۇرلىشىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر.
7 چۈنكى كىم سېنى باشقا بىرسىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ؟ ساڭا ئاتا
قىلىنغان نەرسىدىن باشقا سەندە يەنە نېمە بار؟ ھەممە ساڭا بېرىلگەن
تۇرسا، نېمىشقا «مەندە ئەسلى بار ئىدى» دەپ پەخىرلىنىپ كۆرەڭلەپ
كېتىسەن؟ 8 سىلەر ئاللىقاچان تويۇنۇپ كەتتىڭلار! ئاللىقاچان بېيىپ
كەتتىڭلار! سىلەر بىزسىز پادىشاھلار بولۇپ ھۆكۈم سۈردۈڭلار! كاشكى
سىلەر ھەقىقەتەن ھۆكۈم سۈرگەن بولساڭلارئىدى ـ ئۇنداقتا بىز
سىلەر بىلەن بىللە ھۆكۈم سۈرگەن بولاتتۇق! 9 چۈنكى خۇدا روسۇللار
بولغان بىزلەرنى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئادەملەردەك ئەڭ ئاخىرغا**

---

6:4 **«پۇتۇلگەننىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار»** ـــ بۇ سۆزلەر تەۋراتتا ئەينى پۈتۈلمىگىنى بىلەن، ئۇ تەۋرات-ئىنجىلدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپتۇر. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزگە قاراڭ.

**6:4** پەند. 7:3؛ رىم. 3:12.

7:4 **«كىم سېنى باشقا بىرسىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ؟»** ـــ بۇ سوئالغا بەلكىم مۇنداق ئىككى توغرا جاۋاب بېرىلىشى مۇمكىن: (1) «مەلۇم كىشىنى باشقا بىر كىشىدىن باشقىچە قىلغۇچى پەقەت خۇدادۇر» شۇڭا تەكەببۇر بولۇشنىڭ ئاساسى يوق؛ (2) ھېچ ئىنساننىڭ خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا «مەن باشقىلاردىن ئۈستۈن» دەپ تەكەببۇر بولۇشنىڭ ئاساسى يوق.
—شۇنداق قارايمىزكى، (1)-جاۋاب پاۋلۇسنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى كۆرسىتىدۇ. **«ساڭا ئاتا قىلىنغان نەرسىدىن باشقا سەندە يەنە نېمە بار؟»** ـــ دېمەك، ھەربىرىمىزنىڭ بارلىقى خۇدا تەرىپىدىن بىزگە ئاتا قىلىنىدۇ؛ شۇڭا «مەندە ئەسلى شۇنداق قابىلىيەت (تالانت، كۈچ، قاتارلىقلار....) بار ئىدى» دەپ تەكەببۇرلىشىپ كېتىش ھاماقەتلىكتۇر.

**7:4** يۇھ. 3:27؛ ياق. 1:17.

8:4 **«سىلەر ئاللىقاچان تويۇنۇپ كەتتىڭلار! ئاللىقاچان بېيىپ كەتتىڭلار! سىلەر بىزسىز پادىشاھلار بولۇپ ھۆكۈم سۈردۈڭلار! كاشكى سىلەر ھەقىقەتەن ھۆكۈم سۈرگەن بولساڭلارئىدى ـــ ئۇنداقتا بىز سىلەر بىلەن بىللە ھۆكۈم سۈرگەن بولاتتۇق!»** ـــ شۈبھىسىزكى، بۇ سىرلىق ئايەتنىڭ كىنايىلىك، مەسخىرىلىك مەنىسى بار. كورىنت جامائىتىدىكى كۆپ ئادەملەر تولىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ: «بىز روسۇل پاۋلۇس ياكى باشقا روسۇللارغا ھېچ كېرەك ئەمەسمىز؛ بىز ھەقىقەتەن «روھىي ئادەملەر»مىز، ئىنتايىن بىلىملىك، خۇدا ئالدىدا ئىنتايىن ئېسىلزادە بولۇپ، پادىشاھدەك بولدۇق» دەپ كەتكەنىدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

قويۇپ سازايى قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە ئۇنتۇرۇغا چىقارغان، دەپ ئويلايمەن؛ چۈنكى بىز
پۈتكۈل ئالەمگە، يەنى ھەم پەرىشتىلەرگە ھەم ئىنسانلارغا بىر خىل
تاماشا بولدۇق. [10]بىز مەسىھ ئۈچۈن ئەخمەق سانالغانلارمىز، ئەمما
سىلەر مەسىھدە داناسىلەر! بىز ئاجىز، ئەمما سىلەر كۈچلۈكسىلەر؛
سىلەر ئىززەتلىك، ئەمما بىز خار؛ [11]ھازىرقى دەقىقىگىچە ئاچ-
يالىڭاچ، چاڭقاپ يۈرمەكتىمىز، دۇمبالىنىپ، سەرگەردان، ماكانسىز
بولۇپ يۈرمەكتىمىز؛ [12]ئۆز قولىمىز بىلەن ئىشلەپ جاپا تارتماقتىمىز؛
ئاھانەتكە قالغاندا ياخشىلىق تىلەۋاتىمىز؛ زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغاندا، چىداۋاتىمىز؛ [13]تۆھمەتكە ئۇچرىغاندا، بىز ئۇلارنى
چىرايلىقچە تۈۋغا ئۈندەيمىز؛ بىز جاھاننىڭ داشقىلى، ئىنسانلارنىڭ
سۈپۈرۈندىسى دەپ قارىلىۋاتىمىز، تا ھازىرغىچە شۇنداق.
[14]بۇ ئىشلارنى يېزىشىم، سىلەرنى خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى سۆيۈملۈك بالىلىرىم سۈپىتىدە سىلەرگە نەسىھەت
قىلىۋاتىمەن؛ [15]چۈنكى سىلەرنىڭ مەسىھدە تەربىيىلىگۈچىلىرىڭلار بولسىمۇ، سىلەرنىڭ ئاتاڭلار كۆپ ئەمەستۇر؛
چۈنكى مەن مەسىھ ئەيسادا بولۇپ سىلەرنى خۇش خەۋەر ئارقىلىق
تۆرەلدۈرۈپ ئاتا بولدۇم. [16]شۇڭا مەن سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، مېنى
ئۈلگە قىلىڭلار.

---

**9:4** زەب. 22:44؛ مات. 15:5؛ رىم. 36:8؛ 2كور. 11:4؛ ئىبر. 33:10.

**10:4 «بىز مەسىھ ئۈچۈن ئەخمەق سانالغانلارمىز...»** ــ گرېك تىلىدا «بىز مەسىھ ئۈچۈن ئەخمەقلەر بولدۇق...» ــ دېمەك، كۆپچىلىك تەرىپىدىن «ئەخمەق» ھېسابلاندۇق.

**10:4** 1كور. 3:2.

**11:4** روس. 2:23.

**12:4** مات. 44:5؛ لۇقا 28:6؛ 34:23؛ روس. 60:7؛ 3:18؛ 34:20؛ رىم. 14:12؛ 1تىس. 9:2؛ 2تېس. 8:3.

**14:4** 1تىس. 11:2.

**15:4 «سىلەرنىڭ ئاتاڭلار كۆپ ئەمەستۇر»** ــ ــ روھىي جەھەتتىن بولغان ئاتىلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**15:4** روس. 11:18؛ گال. 19:4؛ فىلم. 10؛ ياق. 18:1.

**16:4** 1كور. 1:11؛ فىل. 17:3؛ 1تېس. 6:1؛ 2تېس. 9:3.

[17] دەل بۇ سەۋەبتىن مەن رەبدە بولغان ئۆز سۆيۈملۈك ۋە ئىشەنچلىك
ئوغلۇم تىموتىينى يېنىڭلارغا ئەۋەتتىم؛ ئۇ سىلەرگە ھەرقايسى
جايلاردىكى جامائەتتە ئۆگەتكەنلىرىمگە ئەگىشىپ، مەسىھدە
بولغان يوللىرىم توغرۇلۇق ئەسلىتىدۇ. [18] ئەمما بەزىلىرىڭلار،
«پاۋلۇسنى يېنىمىزغا كەلمەيدۇ»، دەپ كۆرەڭلەپ كەتتىڭلار؛ [19] بىراق
رەب بۇيرۇسا مەن پات ئارىدا يېنىڭلارغا بارىمەن؛ شۇ چاغدا مەن
كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا بولغان
كۈچ-قۇدرەتنى كۆرۈپ باقاي. [20] چۈنكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سۆزدە
ئەمەس، بەلكى كۈچ-قۇدرەتتە ئىسپاتلىنىدۇ. [21] ئەمدى نېمىنى
خالايسىلەر؟ يېنىڭلارغا تاياق كۆتۈرۈپ بېرىشىمنىمۇ، ياكى مېھىر-
مۇلايىملىق روھىدا بېرىشىمنىمۇ؟

## ئېغىر بىر گۇناھ

5 [1] ھەرتەرەپتىن شۇ ئاڭلىنىۋاتىدۇكى، ئاراڭلاردا بۇزۇقچىلىق بار
ئىكەن ــ بۇنداق بۇزۇقچىلىق ھەتتا تائىپىلەر ئارىسىدىمۇ
تىلغا ئېلىنمايدۇ ــ ئۇ بولسىمۇ بىرسىنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئايالىغا
چېقىلىشتىن ئىبارەت. [2] ئەمما سىلەر يوغىناپ كۆرەڭلەپ كەتتىڭلار!
بۇ رەزىل ئىشنى سادىر قىلغان كىشى ئارىمىزدىن قوغلىۋېتىلسۇن
دەپ ئۆكۈنۈشۈڭلارغا توغرا كەلمەمدۇ!؟ [3] چۈنكى گەرچە تەندە سىلەر
بىلەن بىللە بولمىساممۇ، ئەمما روھتا سىلەر بىلەن بىللە بولۇش
سۈپىتىدە ئاللىقاچان شۇنداق مەن شۇ ھۆكۈمنى چىقاردىمكى،
[4] (ھەممىڭلار رەب ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا جەم بولغاندا، ئۆزۈمنىڭ
روھىم سىلەر بىلەن بولۇپ، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ-

**19:4** روس. 21:18؛ ئىبر. 3:6؛ ياق. 15:4.
20:4 **«خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سۆزدە ئەمەس، بەلكى كۈچ-قۇدرەتتە ئىسپاتلىنىدۇ» ــ**
ياكى «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سۆزدە ئەمەس، بەلكى كۈچ-قۇدرەتتە نامايان بولىدۇ».
**20:4** 1كور. 4:2؛ 1تېس. 5:1؛ 2پېت. 16:1.
**1:5** لاۋ. 8:18؛ قان. 20:27.

قۇدرىتىگە تايىنىپ) —
[5] شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ئەتلىرى هالاك قىلىنسۇن، شۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ روهى رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن شەيتانىنىڭ
ئىلكىگە تاپشۇرۇلسۇن. [6] سىلەرنىڭ چوڭچىلىق قىلغىنىڭلار
ياخشى ئەمەس. «كىچىككىنە خېمىرتۇرۇچ پۈتكۈل خېمىرنى
بولدۇرۇپ يوغىنىتىدۇ» دەپ بىلمەمسىلەر؟
[7] كونا خېمىرتۇرۇچنى چىقىرىۋېتىڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئەسلى
خېمىرتۇرۇچسىز خېمىردەك يېڭى بىر زۇۋۇلا بولىسىلەر؛ چۈنكى
«ئۆتۈپ كېتىش هېيتى»دىكى قوزىمىز بولغان مەسىھ قۇربانلىق
قىلىندى؛ [8] شۇڭا هېيتنى يامان نىيەتلىك ۋە رەزىللىك بولغان
خېمىرتۇرۇچ بىلەن ئەمەس، بەلكى سەممىيلىك ۋە هەقىقەت بولغان
پېتىر نان بىلەن تەنتەنە قىلىپ ئۆتكۈزەيلى.
[9] مەن ئالدىنقى خەتتە سىلەرگە بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار بىلەن
ئارىلاشماڭلار دەپ يازغانىدىم؛ [10] ئەمما بۇ دېگىنىم بۇ دۇنيادىكى

---

5:5 **«شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ئەتلىرى هالاك قىلىنسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روهى رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن شەيتانىنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلسۇن» —** بۇ ئىش (باشقىچە ئېيتقاندا، «شەيتانىنىڭ ئىلكىگە قايتۇرۇش») توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. بەزى ئالىملار «ئەتلىرى» دېگەننى روهىي جەھەتتىن چۈشەندۈرىدۇ، دېمەك، بۇ ئىش كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ گۇناهلىق تەبىئىتى، ياكى كورىنتتىكى پۈتكۈل جامائەتتە «گۇناهلىق تەبىئىتىدىن چىققان ئىشلار»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز مۇشۇ يەردىكى «ئەتلىرى»نى جىسمانىي جەھەتتىن چۈشىنىمىز. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇنىڭ ئاساسىنى كۆرسىتىمىز.

**5:5** 1تىم. 1:20.

**6:5** گال. 5:9.

**7:5** يەش. 53:7؛ يۇھ. 1:29؛ 1كور. 15:3.

8:5 **«شۇڭا هېيتنى يامان نىيەتلىك ۋە رەزىللىك بولغان خېمىرتۇرۇچ بىلەن ئەمەس، بەلكى سەممىيلىك ۋە هەقىقەت بولغان پېتىر نان بىلەن تەنتەنە قىلىپ ئۆتكۈزەيلى» —** ئىسرائىلنىڭ «ئۆتۈپ كېتىش هېيتى»، ئۇنىڭدىن كېيىنكى «پېتىر نان هېيتى» ۋە ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق ئەهمىيىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى، شۇنداقلا «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ

**8:5** مىس. 12:3، 15؛ قان. 16:3.

**9:5** قان. 7:2؛ مات. 18:17؛ 2كور. 6:14؛ ئەف. 5:11؛ 2تېس. 3:14.

بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار، ياكى نەپسانىيەتچىلەر، ياكى كاززاپلار ياكى بۇتپەرەسلەر بىلەن ئارىلاشماڭلار دېگىنىم ئەمەس؛ ئۇنداق بولغاندا دۇنيادىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولاتتىڭلار؛ [11] ئەمما هازىرقى بۇ خېتىمدە يازغىنىم شۇكى، ئۆزىنى «قېرىنداش» دەپ ئاتىۋالغان ئەمما شۇنداقلا بۇزۇقلۇق قىلغۇچى، نەپسانىيەتچى، بۇتپەرەس، هاراقكەش ياكى كاززاپ بولسا، ئۇنداق بىر كىشى بىلەن ئارىلاشماڭلار، هەتتا ئۇنىڭ بىلەن هەمداستىخانمۇ بولماڭلار. [12] سىرتتىكىلەرنى هۆكۈم چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ لېكىن ئىچىڭلاردىكىلەرنى ئۆزۈڭلار هۆكۈم چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىش سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئەمەسمۇ؟ [13] لېكىن سىرتتىكىلەرنىڭ ئۈستىگە بولسا خۇدا ئۆزى هۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇڭا «بۇ رەزىل ئادەمنى ئاراڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار».

## بىر-بىرى بىلەن دەۋالىششقا بولامدۇ؟

6 [1] سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆزئارا ئارازلىق ئىش بولسا، ئۇنى مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرماي، هەققانىيسىزلارنىڭ ئالدىدا دەۋالىششقا پېتىنالامسىلەر؟

---

11:5 **«ئۆزىنى «قېرىنداش» دەپ ئاتىۋالغان...»** — «قېرىنداش» — ئۆزىنىڭ ئېتىقاد يولدا قېرىنداش دەپ ئاتالغان.

11:5 **چۆل.** 14:12؛ مات. 17:18؛ 2تىم. 14:3؛ 2يۇھ. 10.

12:5 **«سىرتتىكىلەرنى هۆكۈم چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ لېكىن ئىچىڭلاردىكىلەرنى ئۆزۈڭلار هۆكۈم چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىش سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئەمەسمۇ؟»** — «سىرتتىكىلەر» جامائەتتىن سىرت تۇرغانلارنى، «ئىچىدىكىلەر» جامائەتنىڭ ئىچىدە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

13:5 **«بۇ رەزىل ئادەمنى ئاراڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار»** — مۇشۇ سۆزلەر تەۋرات، «قان.» 17:7، 19:9، 22:2، 24:7دىن ئېلىنغان.

13:5 **قان.** 7:17

1:6 **«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆزئارا ئارازلىق ئىش بولسا، ئۇنى مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرماي، هەققانىيسىزلارنىڭ ئالدىدا دەۋالىششقا پېتىنالامسىلەر؟»** — «پېتىنالامسىلەر؟» — خۇدانىڭ بۇ ئىشلارغا قاراتقان غەزىپىگە يۈزلىنىشكە

2 مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ دۇنيانى سوراق قىلىدىغانلىقىنى
بىلمەمسىلەر؟ ئەگەر دۇنيانى سىلەر سوراق قىلىدىغان ئىش بولسا،
ئەمدى زىغىرچىلىك ئىشلارنى ھەل قىلىشقا يارىمامسىلەر؟
3 پەرىشتىلەر ئۈستىدىنمۇ ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىمىزنى
بىلمەمسىلەر؟ شۇنداق بولغانىكەن، بۇ ھاياتتىكى ئىشلارنى ھەل
قىلىش قانچىلىك ئىش ئىدى؟ 4 سىلەردە مۇشۇ ھاياتتىكى ئىشلار
ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىش زۆرۈر تېپىلغاندا، جامائەت ئارىسىدا تۆۋەن
دەپ قارالغانلارنى ئۇنى ھەل قىلىشقا سالامسىلەر؟ 5 مۇشۇلارنى
سىلەرنى خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن دەۋاتىمەن. ئەجەبا، ئاراڭلاردا
ئۆز قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇدەك دانا كىشى
يوقمۇ، ھەتتا بىرىمۇ يوقمۇ؟ 6 ئۇنىڭ ئورنىدا، قېرىنداش بىلەن
قېرىنداش دەۋالىشىۋاتىدۇ، ــ ۋە كاپىرلار ئالدىدا شۇنداق قىلىدۇ!
7 ئەمەلىيەتتە ئۆز ئاراڭلاردا دەۋالارنىڭ بولغانلىقىنىڭ ئۆزى سىلەرگە
نىسبەتەن بىر ئەيىبتۇر. نېمىشقا ئۇۋالچىلىققا چىدىمايسىلەر؟
نېمىشقا ناھەقچىلىككە يول قويمايسىلەر؟ 8 ئەكسىچە، سىلەر
ناھەقچىلىك قىلىۋاتىسىلەر، خىيانەت قىلىۋاتىسىلەر، يەنە كېلىپ
قېرىنداشلىرىڭلارغا شۇنداق قىلىسىلەر!
9 ھەققانىيسىزلارنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق
قىلالمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ئالدىنىپ كەتمەڭلار!
بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار، بۇتپەرەسلەر، زىنا قىلغۇچىلار،

---

پېتىنالامسىلەر؟، دېمەك.

**2:6** مات. 28:19؛ لۇقا 22:30؛ زەب. 9-5:149؛ يەش. 6:26؛ مال. 3:4

3:6 **«مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ دۇنيا ئۈستىدىن سوراق قىلىشى ... 2-ئايەت ... پەرىشتىلەر ئۈستىدىنمۇ ھۆكۈم چىقىرىشى»** ــ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

4:6 **«جامائەت ئارىسىدا تۆۋەن دەپ قارالغانلارنى ئۇنى ھەل قىلىشقا سالامسىلەر؟»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنى ھەل قىلىشقا جامائەتتە ھېچ ئورنى يوقلارنى سالامسىلەر؟». لېكىن 5-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

**7:6** پەند. 22:20؛ مات. 39:5؛ رىم. 17:12؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 9:3.

بەچچىۋازلار، باشقا ئەرلەر بىلەن بۇزۇقلۇق قىلغۇچىلار، [10] ئوغرىلار،
نەپسانىيەتچىلەر، هاراقكەشلەر، تۆھمەتخورلار ياكى ئالدامچى-
كاززاپلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ؛ [11] بەزىڭلار
دەرۋەقە شۇنداق بولغانسىلەر؛ ئەمما سىلەر رەب ئەيسا مەسىھنىڭ
نامىدا ۋە خۇدايىمىزنىڭ روھى بىلەن يۇيۇلدۇڭلار، پاك-مۇقەددەس
قىلىندىڭلار، ھەققانىي قىلىندىڭلار.

## تېنىڭلار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدۇر

[12] «ھەممە نەرسە ماڭا ھالالدۇر»، ئەمما ھەممە نەرسە پايدىلىق
بولۇۋەرمەيدۇ؛ «ھەممە نەرسە ماڭا ھالالدۇر»، ئەمما مەن ھېچقانداق
نەرسىنىڭ خۇمارىغا قۇل بولمايمەن. [13] «يېمەكلىكلەر ئاشقازان
ئۈچۈن، ئاشقازان بولسا يېمەكلىكلەر ئۈچۈندۇر»؛ ئەمما خۇدا ئۇ
ۋە بۇ ھەر ئىككىسىنى يوققا چىقىرىدۇ؛ تەن بولسا بۇزۇقچىلىق
ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەب ئۈچۈندۇر؛ رەب تەن ئۈچۈندۇر. [14] خۇدا
رەبنى تىرىلدۈردى، شۇنىڭدەك بىزنىمۇ ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۆلۈمدىن
تىرىلدۈرىدۇ. [15] تېنىڭلارنىڭ مەسىھنىڭ ئەزالىرى ئىكەنلىكىنى

---

**9:6** گال. 19:5؛ ئەف. 5:5؛ ۋەھ. 15:22.

**11:6** ئەف. 2:2؛ كول. 7:3؛ تىت. 3:3؛ ئىبر. 22:10.

12:6 **«ھەممە نەرسە ماڭا ھالالدۇر»** ــ بۇ سۆز-ئىبارە بەلكىم كورىنتلىقلار ئۈچۈن ئىنجىلدىكى يېمەك-ئىچمەكلەر توغرۇلۇق بولغان تەلىملەرنىڭ بىر قىسقارتىلمىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەققەتكە يېقىن بولغىنى بىلەن، پاۋلۇس ھازىر ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەكلەر توغرۇلۇق باشقا تەرەپلەردىنمۇ ئويلاش كېرەك، دەپ تەلىم بەرمەكچى.

**12:6** 1كور. 23:10.

13:6 **«يېمەكلىكلەر ئاشقازان ئۈچۈن، ئاشقازان بولسا يېمەكلىكلەر ئۈچۈندۇر»** ــ باشقىچە ئېيتقاندا: «يېمەكلىكلەر قورساقنى تويدۇرۇش ئۈچۈن، قورساق بولسا يېمەكلىكلەرنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن». كورىنتلىقلاردىن بەزىلىرى بۇ گەپنى باشقا ئىشلارغا تەتبىقلاپ، «تېنىمىزنىڭ ھەرقانداق ئېھتىياجلىرى ياكى ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى خالىغانچە قاندۇرۇۋەرسەك بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى. لېكىن، جىنسىي ئەخلاقسىزلىققا كەلسەك بۇ توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە. **«رەب تەن ئۈچۈندۇر»** ــ ئادەمنى ھەيران قىلارلىق بۇ بايان توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**14:6** رىم. 8:11؛ 2كور. 14:4.

بىلمەمسىلەر؟ ئۇنداقتا، مەسىھنىڭ ئەزالىرىنى ئېلىپ، پاھىشە
ئايالنىڭ ئەزالىرى قىلسام بولامدۇ؟ ھەرگىز بولمايدۇ! [16]كىم
پاھىشە ئايال بىلەن باغلانغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولىدۇ،
دەپ بىلمەمسىلەر؟ چۈنكى «ئەر-ئايال ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ»
ـ دېيىلگەنىدى. [17]ئەمما رەبگە باغلانغۇچى بولسا ئۇنىڭ بىلەن
بىر روھتۇر. [18]بۇزۇقلۇقتىن قېچىڭلار. «ئىنسانلارنىڭ ھەربىر
سادىر قىلغان گۇناھى ئۆز تېنىنىڭ سىرتىدا بولىدۇ!» ـ ئەمما
بۇزۇقلۇق سادىر قىلغۇچى ئۆز تېنىگە قارشى گۇناھ قىلىدۇ.
[19]سىلەرنىڭ تېنىڭلار سىلەرنى تۇرالغۇ قىلغان، خۇدا تەرىپىدىن
سىلەرگە ئىلتىپات قىلىنغان مۇقەددەس روھنىڭ ئىبادەتخانىسى،
سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈمنىڭكى ئەمەس دەپ بىلمەمسىلەر؟
[20]چۈنكى سىلەر چوڭ بەدەل بىلەن سېتىۋېلىنغانسىلەر؛ شۇڭا
تېنىڭلاردا خۇدانى ئۇلۇغلاڭلار.

16:6 **«ئەر-ئايال ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ»** ــ بۇ خۇدانىڭ ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىز توغرۇلۇق بولغان سۆزى («يار.» 24:2)؛ بۇ سۆز ھەربىر ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ

**16:6** يار. 24:2؛ مات. 5:19؛ مار. 8:10؛ ئەف. 31:5.

**17:6** ئەز. 26:36-28؛ 1كور. 13:12؛ يار. 24:2

18:6 **«ئىنسانلارنىڭ ھەربىر سادىر قىلغان گۇناھى ئۆز تېنىنىڭ سىرتىدا بولىدۇ!»** ــ بەزى ئالىملار، بۇ سۆزلەرنى پاۋلۇسنىڭ ئۆزىنىڭكى، دەپ قارايدۇ؛ ئەمما باشقا گۇناھلىرىمىز (مەسىلەن، نەپسانىيەتچىلىك، ھاراقكەشلىك)مۇ تېنىمىزگە يامان تەسىر يەتكۈزمەمدۇ؟ يەتكۈزىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا بىزنىڭچە بۇ سۆزلەرنى كورىنتلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭكى خاتا كۆزقارىشى دەپ ئويلايمىز؛ ئۇلار بۇ سۆزنى بۇزۇقلۇق (ۋە باشقا «جىسمانىي» گۇناھلارنى) قىلىشقا باھانە قىلاتتى. پاۋلۇس ئۇنى ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ خاتا كۆزقاراشلىرىنى توغرىلىماقچى بولۇۋاتاتتى.

19:6 **«خۇدا تەرىپىدىن سىلەرگە ئىلتىپات قىلىنغان»** ــ بىزنىڭچە «سىلەرگە ئىلتىپات قىلىنغان» دېگەنلىك «مۇقەددەس روھ»نى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقمۇ مۇمكىنچىلىك باركى، ئۇ بۇ ئايەتتىكى «سىلەرنىڭ تېنىڭلار» ياكى «ئىبادەتخانا»نى كۆرسىتىدۇ.

**19:6** 1كور. 16:3؛ 2كور. 16:6؛ ئەف. 21:2؛ ئىبر. 6:3؛ 1پېت. 5:2.

**20:6** 1كور. 23:7؛ گال. 13:3؛ ئىبر. 12:9؛ 1پېت. 18:1.

## تەنها هايات ۋە ئەر-ئاياللىق

7 [1]ئەمدى هازىر سىلەر خېتىڭلاردا ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا
كېلەيلى، ــ «ئەر ئايال زاتىنىڭ تېنىگە تەگمىسە ياخشىدۇر».
[2]دۇرۇس. ئەمما بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، هەربىر
ئەركەكنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى بولسۇن، هەربىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرى
بولسۇن. [3]ئەر ئايالىغا نىسبەتەن ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسۇن،
ئايالمۇ ئېرىگە نىسبەتەن ئاياللىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسۇن.
[4]ئايال ئۆز تېنىنىڭ ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئېرى ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر؛
شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئەر ئۆز تېنىنىڭ ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئايالى
ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر. [5]پەقەت پۈتۈن زېهنىڭلار بىلەن دۇئالارغا بېرىلىش
مەقسىتىدە ئۆز ماقۇللۇقۇڭلار بىلەن ۋاقتىنچە بىرگە ياتماسلىقىڭلار
كېلىشكەندىنلا باشقا، ئەر-ئايال ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ جىنسىي هەق-
تەلىپىنى رەت قىلمىسۇن. شۇنداق ئالاهىدە مەزگىلدىن كېيىن يەنە بىرگە
بولۇڭلار. بولمىسا، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالالمايدىغانلىقىڭلاردىن شەيتان
سىلەرنى ئازدۇرۇش پۇرسىتىنى تېپىشى مۇمكىن. [6]ئەمما مۇنداق
دېيىشىم بۇيرۇق يولىدا ئەمەس، بەلكى مەسلىهەت يولىدىدۇر. [7]ئەمدى

---

1:7 **«ئەر ئايال زاتىنىڭ تېنىگە تەگمىسە ياخشىدۇر»** ــ «ئەر ئايال زاتىنىڭ تېنىگە تەگمىسە (جىنسىي مۇناسىۋەتتە بىرگە بولۇش، ياكى توي قىلىشنى كۆرسىتىدۇ) ياخشى ئىشتۇر» دېگەن سۆزلەر توغرۇلۇق: ــ ئەهۋالغا قارىغاندا كورىنتلىقلار ئارىسىدا: «توي قىلماي، پەقەت رەبنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ياخشى» ياكى «ئەر-ئاياللىق جىنسىي مۇناسىۋەتتى ياخشى ئەمەس، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمىسۇن، كۆپرەك دۇئا-تىلاۋەتكە بېرىلسۇن» دېگەندەك گەپلەر تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. پاۋلۇس بۇ يەردە مۇشۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق سۆزلىمەكچى.

3:7 **«ئەر ئايالىغا نىسبەتەن ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسۇن، ئايالمۇ ئېرىگە نىسبەتەن ئاياللىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسۇن»** ــ «ئەرلىك مەجبۇرىيىتى»، «ئاياللىق مەجبۇرىيىتى» جىنسىي هەقلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

**3:7** 1پېت. 7:3.

**5:7** يو. 16:2.

6:7 **«ئەمما مۇنداق دېيىشىم بۇيرۇق يولىدا ئەمەس»** ــ بۇ ئايەتتىكى «دېيىشىم»نى بەزى ئالىملار «ۋاقتىلىق ئايرىلىپ تۇرۇش توغرىسىدىكى بىر تەكلىپ، بۇيرۇق ئەمەس» دەپ چۈشىنىدۇ، «ئەمما مۇنداق دېگىنىم بۇيرۇق يولىدا ئەمەس، بەلكى مەسلىهەت يولىدىدۇر» دەپ تەرجىمە

**مەن بارلىق ئادەملەرنىڭ ماڭا ئوخشاش بويتاق بولۇشىنى خالايتتىم؛**
**لېكىن بۇ ئىشتا خۇدانىڭ ھەممە ئادەمگە بەرگەن ئۆز ئىلتىپاتى بار؛**
**بىرسى ئۇنداق، يەنە بىرسى بۇنداق. [8] ئەمما مەن جورىسىز تەنھا**
**ياشىغانلار ۋە تۇللارغا شۇنى ئېيتىمەنكى، مەندەك تەنھا تۇرىۋەرسە**
**ياخشى بولىدۇ؛ [9] ئەمما ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالالمىساڭلار، نىكاھلىنىڭلار؛**
**چۈنكى ئىشق ئوتىدا كۆيگەندىن كۆرە نىكاھلىق بولغان ياخشى.**
**[10] ئەمما نىكاھلانغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا مەن شۇنى تاپىلايمەنكى،**
**ــ (بۇ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تاپىلىغىنىم ئەمەس، يەنىلا رەبنىڭكى)،**
**ئايال ئېرىدىن ئاجراشمىسۇن [11] (ئەمما ئۇ ئاجراشقان بولسا، ئۇ تەنھا**
**ئۆتسۇن، ياكى ئېرى بىلەن يارىشىۋالسۇن)؛ ۋە ئەرمۇ ئايالىنى قويۇپ**
**بەرمىسۇن. [12] قالغانلىرىڭلارغا كەلسەك، مەن شۇنى ئېيتىمەنكى (بۇ**
**رەبنىڭ ئېيتقىنى ئەمەس)، قېرىنداشنىڭ ئېتىقادسىز ئايالى بولسا ۋە**
**ئايالى ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋېرىشكە رازى بولسا، ئۇ ئۇنى قويۇپ بەرمىسۇن؛**

---

قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر بىزنىڭ تەرجىمىمىزدەك «دېگىنىم»نى پاۋلۇسنىڭ ئەر-ئاياللىق ئوغرۇلۇق ھازىر ئېيتقان بارلىق سۆزلىرى دەپ قاراپ، «مۇنداق دېيىشىم بۇيرۇق يولىدا ئەمەس، بەلكى رۇخسەت يولىدا...» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ (7-ئايەتنى كۆرۈڭ).

7:7 **«بۇ ئىشتا خۇدانىڭ ھەممە ئادەمگە بەرگەن ئۆز ئىلتىپاتى بار»** ــ يەنى، بالا-چاقىلىق بولۇش، ياكى تەنھا بولۇش. پاۋلۇس ئۆزى تەنھا بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئائىلىسىز ھالدا خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولغان.

**7:7** مات. 12:19؛ روس. 29:26؛ 1كور. 11:12.

**8:7 «ئەمما مەن جورىسىز تەنھا ياشىغانلار ۋە تۇللارغا شۇنى ئېيتىمەنكى...»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «جورىسىز تەنھا ياشىغانلار» دېگەن سۆز گرېك تىلىدا ئۆز جورىسىدىن (مەيلى ئەردىن، مەيلى ئايالدىن، ئۆلۈم تەرىپىدىن ياكى قانۇن تەرىپىدىن) ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنى كۆرسىتىدۇ، ۋە شۇنداقلا توي قىلمىغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**9:7** 1تىم. 14:5.

10:7 **«ئەمما نىكاھلانغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا مەن شۇنى تاپىلايمەنكى، ــ بۇ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تاپىلىغىنىم ئەمەس، يەنىلا رەبنىڭكى...»** ــ پاۋلۇس ئۆز تەلىمىنى رەب ئەيسانىڭ يەر يۈزىدە تۇرغان ۋاقتىدىكى تەلىمىدىن ئايرىۋېتىدۇ. بۇ ئىش توغرۇلۇق ۋە ئومۇمەن بۇ باب ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**10:7** مال. 14:2؛ مات. 32:5؛ 9:19؛ مار. 11:10؛ لۇقا 18:16.

12:7 **«قالغانلىرىڭلارغا كەلسەك، مەن شۇنى ئېيتىمەنكى بۇ رەبنىڭ ئېيتقىنى ئەمەس، ...»**

13 ئېتىقادچى ئايالنىڭ ئېتىقادسىز ئېرى بولسا ۋە ئېرى ئۇنىڭ بىلەن
تۇرۇۋېرىشكە رازى بولسا، ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتمىسۇن. 14 چۈنكى
ئېتىقادسىز ئەر بولسا ئېتىقاد قىلغان ئايالدا پاك دەپ ھېسابلىنىدۇ؛
ئېتىقادسىز ئايال بولسا ئېتىقاد قىلغان قېرىنداشتا پاك دەپ
ھېسابلىنىدۇ؛ بولمىسا، پەرزەنتلىرىڭلار ھارامدىن بولغان بولاتتى؛
ئەمما ئۇلار ئەمدى پاك بولدى. 15 لېكىن ئېتىقادسىز بولغان تەرەپنىڭ
كەتكۈسى بولسا، ئۇ ئاجرىشىپ كەتسۇن؛ بۇنداق ئەھۋاللاردا قېرىنداش
ئاكا-ئۇكىلار، ھەدە-سىڭىللار نىكاھ مەجبۇرىيىتىگە باغلىنىپ قالغان
بولمايدۇ؛ قانداقلا بولمىسۇن خۇدا بىزنى ئىناق-خاتىرجەملىكتە
ياشاشقا چاقىرغاندۇر. 16 ئەي ئېتىقادچى ئايال، ئېرىڭنى ئېتىقاد
قىلدۇرۇپ قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىڭنى نەدىن بىلىسەن؟ ئەي ئېتىقادچى
ئەر، خوتۇنۇڭنى ئېتىقاد قىلدۇرۇپ قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىڭنى نەدىن
بىلىسەن؟

---

— رەب ئەيسا يەر يۈزىدە بولغىنىدا بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تەلىم بەرمىگەنىدى.

14:7 **«چۈنكى ئېتىقادسىز ئەر بولسا ئېتىقاد قىلغان ئايالدا پاك دەپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئېتىقادسىز ئايال بولسا ئېتىقاد قىلغان قېرىنداشتا پاك دەپ ھېسابلىنىدۇ؛ بولمىسا، پەرزەنتلىرىڭلار ھارامدىن بولغان بولاتتى؛ ئەمما ئۇلار ئەمدى پاك بولدى»** — بۇ ئايەتكە قارىغاندا، كورىنتتىكى بەزىلەر «ئېتىقادچى ئەر ياكى ئايالنىڭ جورىسى ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلمىغان بولسا ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ نىكاھى بۇلغانغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئاجرىشىشى كېرەك، شۇنداقلا باللىرى «ھارام»دىن بولغان بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇنداق كۆزقاراش خاتا.

15:7 **«لېكىن ئېتىقادسىز بولغان تەرەپنىڭ كەتكۈسى بولسا، ئۇ ئاجرىشىپ كەتسۇن؛ بۇنداق ئەھۋاللاردا قېرىنداش ... نىكاھ مەجبۇرىيىتىگە باغلىنىپ قالغان بولمايدۇ؛ قانداقلا بولمىسۇن خۇدا بىزنى ئىناق-خاتىرجەملىكتە ياشاشقا چاقىرغاندۇر»** — بۇ مۇھىم ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

16:7 **«ئەي ئېتىقادچى ئايال، ئېرىڭنى ئېتىقاد قىلدۇرۇپ قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىڭنى نەدىن بىلىسەن؟ ئەي ئېتىقادچى ئەر، خوتۇنۇڭنى ئېتىقاد قىلدۇرۇپ قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىڭنى نەدىن بىلىسەن؟»** — بىزنىڭچە پاۋلۇس مۇشۇ يەردە، ئىشەنمىگەن جورا نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولغان بولسا، ئۇنى ئېتىقاد قىلدۇرۇپ قۇتقۇزۇش پەقەت خۇدانىڭلا قىلدىغان ئىشىدۇر، بىز ئاجىز بەندىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، شۇڭا (جورىسىنىڭ كەتكۈسى بولسا) ئۇنى ئەركىنلىككە قويۇۋەرگىن، دېمەكچى. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى يەنە كۆرۈڭ.

**16:7** 1پېت. 1:3.

## ئېتىقاد يولىغا چاقىرىلغان ۋاقىتتىكى سالاھىيەتتە تۇرۇۋېرىڭلار

[17] ھالبۇكى، رەب ھەرقايسىمىزغا قانداق تەقسىم قىلغان بولسا،
قانداق ھالەتتە چاقىرغان بولسا، ئۇ شۇنىڭدا مېڭىۋەرسۇن؛
مەن ھەممە جامائەتلەردە شۇنداق يولىيورۇقنى تاپىلايمەن.
[18] بىرسى سۈننەتلىك ھالەتتە چاقىرىلدىمۇ؟ ئۇ قايتا سۈننەتسىز
قىلىنمىسۇن؛ بىرسى سۈننەتسىز ھالەتتە چاقىرىلدىمۇ؟ ئۇ
ئەمدى سۈننەت قىلىنمىسۇن. [19] سۈننەتلىك بولۇش ھېچنەرسە
ھېسابلانماس، سۈننەتسىز بولۇشمۇ ھېچنەرسە ھېسابلانماس؛
ھېساب بولىدىغىنى خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشتىن
ئىبارەتتۇر. [20] ھەركىم قايسى ھالەتتە چاقىرىلغان بولسا، شۇ
ھالەتتە قالسۇن. [21] سەن چاقىرىلغاندا قۇل ھالىتىدە ئىدىڭمۇ؟
ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن؛ لېكىن ئەگەر ھۆرلۇك پۇرسىتى
كەلسە، ئۇنى قولۇڭدىن بەرمە. [22] چۈنكى رەبتە چاقىرىلغان قۇل
بولسا رەبنىڭ ھۆر ئادىمىدۇر؛ ئۇنىڭغا ئوخشاش، چاقىرىلىپ
ھۆر بولغۇچىمۇ مەسىھنىڭ قۇلىدۇر. [23] سىلەر چوڭ بەدەل بىلەن
سېتىۋېلىندىڭلار؛ ئىنسانلارغا قۇل بولماڭلار. [24] ئى قېرىنداشلار،
ھەربىرىڭلار قايسى ھالەتتە چاقىرىلغان بولساڭلار، شۇ ھالەتتە
خۇدا بىلەن بىللە تۇرۇڭلار.

---

**18:7 «بىرسى سۈننەتلىك ھالەتتە چاقىرىلدىمۇ؟ ئۇ قايتا سۈننەتسىز قىلىنمىسۇن»** — بەزى يەھۇدىيلار مەلۇم سەۋەبلەردىن سۈننەتتىن خىجىل بولۇپ، «يات ئەللەردەك بولاي» دەپ، ئۆزىنى «سۈننەتسىز» كۆرسەتمەكچى بولۇپ بىرخىل ئوپېراتسىيەنى قىلدۇراتتى.
**20:7 «ھەركىم قايسى ھالەتتە چاقىرىلغان بولسا، شۇ ھالەتتە قالسۇن»** — «قايسى ھالەتتە چاقىرىلغان بولسا...» گرېك تىلىدا «قانداق چاقىرىلغانلىقى بولسا...» دېيىلىدۇ. دېمەك، خۇدا ھەربىرىمىزنى مەسىھكە چاقىرغىنىدا، ئەھۋال-ھالىتىمىزنى بىلىپ، ئۇ ھالىتىمىزنى ئۇنىڭ يولىدا ئىشلەتمەكچى بولىدۇ.

**20:7** ئەف. 1:4؛ فىل. 27:1؛ كول. 10:1؛ 1تېس. 12:2.

**23:7** 1كور. 20:6؛ ئىبر. 12:9؛ 1پېت. 18:1.

## تەنها ياشاش

[25] ئەمما نىكاھلانمىغانلار توغرۇلۇق رەبدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالمىدىم؛
شۇنداقتىمۇ رەبدىن بولغان رەھىم-شەپقەتكە مۇيەسسەر بولغانلىقىم
ئۈچۈن سادىق ئادەم سۈپىتىدە ئۆز پىكرىمنى ئېيتىمەن. [26] ئەمدى
ھازىرقى قىيىنچىلىقتا قارىغاندا، ئەر كىشىنىڭ شۇ تەنها ھالەتتە
بولۇشىنى ياخشى ئىش دەيمەن. [27] ئايالغا باغلانغان بولساڭ، ئۇنداقتا،
ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىشنى ئويلىما؛ ئايالىڭدىن ئاجرىشىپ
كەتتىڭمۇ؟ ئۇنداقتا يەنە ئۆيلىنىشنى ئويلىما. [28] لېكىن ئۆيلەنسەڭ،
سەن گۇناھ قىلغان بولمايسەن؛ ۋە نىكاھلانمىغانلار نىكاھلانسا،
ئۇلارمۇ گۇناھ قىلغان بولمايدۇ. ئەمما شۇنداق قىلسا ئۇلار جىسمانىي
جەھەتتە جاپاغا ئۇچرايدۇ؛ مېنىڭ سىلەرنى ئۇنىڭدىن خالىي قىلغۇم
بار. [29] ئەمما شۇنى دېگۈم باركى، ئى قېرىنداشلار ــ ۋاقىت قىسقىدۇر.
شۇڭا ئاياللىق بولغانلار ئايالسىزلاردەك بولسۇن؛ [30] ماتەم تۇتقانلار
ماتەم تۇتمىغانلاردەك بولسۇن؛ بەخت-خۇشاللىقتا بولغانلار بەخت-
خۇشاللىقتا بولمىغانلاردەك بولسۇن؛ مال-مۈلۈك سېتىۋالغانلار مال-
مۈلۈكسىزلەردەك بولسۇن؛ [31] بۇ دۇنيادىكى بايلىقلاردىن بەھرىمەن

---

25:7 **«... نىكاھلانمىغانلار توغرۇلۇق رەبدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالمىدىم...»** ــ مۇشۇ يەردە «نىكاھلانمىغانلار» بولسا ھېچقاچان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغان پاك يىگىت ياكى پاك قىزلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. بەزى ئالىملار بۇ سۆز پەقەت قىزلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمدى 36-ئايەتكە قارايدىغان بولساق، بۇ ئايەت ھەم يىگىتلەرنىمۇ ھەم قىزلارنىمۇ كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

26:7 **«ئەمدى ھازىرقى قىيىنچىلىقتا قارىغاندا،...»** ــ پاۋلۇس مۇشۇ خەتنى يازغان ۋاقىتتا رىم ئىمپېرىيەسى بويىچە كۆپ ساندىكى ئىشەنگۈچىلەر زور زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتاتتى.

28:7 **«ئەمما شۇنداق قىلسا ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە جاپاغا ئۇچرايدۇ»** ــ پاۋلۇسنىڭ بۇ سۆزى، ھەربىر ئەر-ئاياللىقتىكى نورمال مۇناسىۋەتتە بولغان مۇشەققەت-جاپالار، ئېگىز-پەسلىكلەر توغرۇلۇق ئېيتىلىدۇ، دەپ قارايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ دەۋردىكى زىيانكەشلىك ئاستىدىمۇ ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن، بىر-بىرىنى ئېغىرچىلىقتىن ئاياش ئۈچۈن تارتقان دەرد-ئەلەملىرى تېخىمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

29:7 **«ۋاقىت قىسقىدۇر. شۇڭا ئايالىق بولغانلار ئايالسىزلاردەك بولسۇن...»** ــ 31-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

بولغانلار دۇنيانى ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتى دەپ بىلمىسۇن؛ چۈنكى بۇ
دۇنيادىكى هازىرقى هالەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. [32] ئەمما سىلەرنىڭ
غەمسىز بولۇشۇڭلارنى خالايمەن. ئايالسىز كىشى بولسا رەبنىڭ
ئىشلىرىنى ئويلايدۇ، قانداق قىلىپ رەبنى خۇرسەن قىلىشنىڭ
غېمىدە بولىدۇ. [33] ئەمما ئاياللىق كىشى قانداق قىلىپ ئايالىنى
خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ غېمىدە بولىدۇ؛
[34] يەنە كېلىپ ئايال ۋە نىكاهلانمىغان قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار؛
نىكاهلانمىغان قىز بولسا رەبنىڭ ئىشلىرىنىڭ، قانداق قىلىپ هەم
تەندە هەم روهتا پاك-مۇقەددەس بولۇشىنىڭ غېمىدە بولىدۇ؛ ئەمما
ياتلىق بولغان ئايال قانداق قىلىپ ئېرىنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن،
بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ غېمىدە بولىدۇ. [35] ئەمما مەن بۇ سۆزنى
سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتىمەن؛ بوينۇڭلارغا
سىرتماق سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشلىرىڭلارنىڭ گۈزەل
بولۇشى، كۆڭلۈڭلار بۆلۈنمىگەن هالدا رەبگە بېرىلىپ ئۇنى
كۈتۈشۈڭلار ئۈچۈن دەۋاتىمەن.
[36] ئەمما ئەگەر بىرسى نىيەت قىلغان قىزغا نىسبەتەن
مۇئامىلەمنىڭ دۇرۇس بولمىغان يېرى بار دەپ قارىسا، ئۇ قىز
ياشلىق باهارىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئىككىسى ئۆزىنى
تۇتۇۋالالمىسا، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن، ئۇ گۇناه قىلغان
بولمايدۇ؛ ئۇلار نىكاه قىلسۇن. [37] بىراق، بىرسى ئۆز كۆڭلىدە

---

31:7 **«... بۇ دۇنيادىكى بايلىقلاردىن بەهرىمەن بولغانلار دۇنيانى ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتى دەپ بىلمىسۇن؛ چۈنكى بۇ دۇنيادىكى هازىرقى هالەت ئۆتۈپ كېتىدۇ»** — «ۋاقىت قىسقىدۇر» 29-31-ئايەتلەردە پاۋلۇس ئۇلارغا بارلىق ۋاقتىنى، خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولۇش پۇرسەتلىرىنى قەدىرلەشنى دەۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەنىسى، مۇشۇ دۇنيادىكى بەخت-بايلىقلار بىزدە بولسا ئۇلاردىن هۇزۇرلانساق بولىدۇ، لېكىن مۇشۇ ئالەم «بەش كۈنلۈك» بولغاچقا، خۇدانىڭ خىزمىتىدە، مەڭگۈلۈك پايدىلىق بولغان ئىشلارغا قاراپ مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دېمەكچى.

**31:7** يەش. 6:40؛ ياق. 10:1؛ 14:4؛ 1پېت. 24:1؛ 1يۇھ. 17:2.

**32:7** 1تىم. 5:5.

36:7 **«ئەگەر بىرسى نىيەت قىلغان قىزغا نىسبەتەن مۇئامىلەمنىڭ دۇرۇس بولمىغان يېرى**

**مۇقىم تۇرۇپ، ھېچقانداق ئىشق بېسىمى ئاستىدا بولماي، بەلكى**
**ئۆز ئىرادىسىنى باشقۇرۇپ، كۆڭلىدە نىيەت قىلغان قىزىنى**
**ئەمرىگە ئالماسلىقنى قارار قىلغان بولسا، ياخشى قىلغان**
**بولىدۇ. 38 قىسقىسى، ئۆيلەنگەننىڭ ئۆيلەنگىنىمۇ ياخشى ئىش،**
**ئۆيلەنمىگەننىڭ ئۆيلەنمىگىنىمۇ تېخىمۇ ياخشى ئىش.**
**39 ئېرى ھايات چاغدا ئايالى ئۇنىڭغا باغلانغاندۇر؛ ئەمما ئېرى**
**ئۆلۈمدە ئۇخلىغان بولسا، ئۇ خالىغان كىشىگە (پەقەت رەبدە،**
**ئەلۋەتتە) نىكاھلىنىشقا ئەركىن بولىدۇ. 40 لېكىن قارىشىمچە ئۇ**
**تۇل قالسا، تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ؛ مەندىمۇ خۇدانىڭ روھى بار،**
**دەپ ئىشىنىمەن!**

---

**بار دەپ قارىسا...»** ــ «نىيەت قىلىنغان قىزى» دېگەننىڭ باشقا بىر چۈشەنچىسى «ۋەدىلەشكەن قىزى». ئىشقىلىپ، بۇ ئايەت بويىچە، توي قىلمىغان ئەر كىشى كۆڭلىدە بىر قىزنى ئويلايدۇ. قىزغا «مۇئامىلەمنىڭ دۇرۇس بولمىغان يېرى بار» دېگەنلىكى بەلكىم: (1) قىزغا بولغان ئىشقىنى سۆز ياكى ھەرىكەت بىلەن بىلدۈرۈشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، لېكىن ئۇنىڭغا تېخى ئېنىق ۋەدە قىلماسلىق، شۇنداقلا قىزنى قىيناش؛ ياكى (2) قىزغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن يەنە ئىككىلىنىپ ۋاقتنى كەينىگە سۈرۈش، شۇنداقلا قىزنى قىيناش؛ ياكى (3) توينىڭ ۋاقتىنى بېكىتكەن بولسىمۇ، ئۇلار توي ۋاقتىنى كۈتۈشكە ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالمىسا، تويىنى بالدۇرراق قىلسا بولىدۇ. قىسقىسى، ئوغۇل باللارنىڭ قىزلارنىڭ سۆيگۈسى ياكى ھېسسىياتلىرى بىلەن ئوينىشىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ.

—تولۇق ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئەمما ئەگەر بىرسى ئۆزىنىڭ تەنھالىقىغا قاراپ نامۇۋاپىق يۈرگەن بولسا، ياشلىق باھارىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا، ئۇ خالىغىنىچە قىلسۇن، ئۇ گۇناھ قىلغان بولمايدۇ؛ ئۇلار نىكاھ قىلسۇن» يەنە باشقا تەرجىملىرىمۇ بار؛ «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**39:7 «ئېرى ئۆلۈمدە ئۇخلىغان بولسا»** ــ مۇشۇ سۆز، ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تەۋرات-ئىنجىل بويىچە ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن ئۆلۈش پەقەت ۋاقىتلىق ئۇخلاش، خالاس.

**«ئۇ خالىغان كىشىگە پەقەت رەبدە، ئەلۋەتتە نىكاھلىنىشقا ئەركىن بولىدۇ»** ــ «پەقەت رەبدە (نىكاھلانسۇن)» ــ (1) پەقەت ئېتىقادچىغا نىكاھلانسۇن؛ (2) رەبنىڭ شەخسىي يوليورۇقى بىلەن نىكاھلانسۇن، دېگەن ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

**39:7** رىم. 2:7.

**40:7 «مەندىمۇ خۇدانىڭ روھى بار، دەپ ئىشىنىمەن»** ــ بۇ كىنايىلىك سۆز. كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتتىكى بەزى ئادەملەر ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر» ھېسابلاپ، پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلمايتتى (36:14، 37نى كۆرۈڭ).

**40:7** 1تېس. 8:4.

# بۇتلارغا ئاتالغان تائاملار

8 [1]ئەمدى «بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان تائاملار» مەسىلىسىگە
كېلەيلى. «ھەممىمىزدە بىلىم بار» دەپ بىلىمىز. خوش، بىراق
بىلىم بولسا ئادەمنى كۆرەڭلىتىدۇ؛ مېھىر-مۇھەببەت بولسا
ئادەمنى قۇرىدۇ. [2]«مېنىڭ بىلىمىم بار» دەپ ھېسابلىغان كىشى،
ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى تېخى بىلىشكە تېگىشلىك دەرىجىدە
بىلمىگەن بولىدۇ. [3]ئەمما خۇدانى سۆيگەن كىشى بولسا، ئۇ ئۇنىڭ
تەرىپىدىن تونۇلىدۇ.
[4]خوش، ئەمدى «بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان تائاملار» توغرۇلۇق ــ
بىزگە مەلۇمكى، «جاھاندا بۇت دېگەن ھېچنېمە ھېسابلانمايدۇ»، ۋە
«بىرلا خۇدادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر». [5]گەرچە نۇرغۇن ئاتالمىش
ئىلاھلار بار بولسىمۇ ــ مەيلى ئۇلار زېمىندا ياكى ئاسماندا تۇرىدۇ

---

**1:8 «ئەمدى «بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان تائاملار» مەسىلىسىگە كېلەيلى»** ــ كورىنت شەھىرىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بولسا بۇتپەرەس بولۇپ، ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنۇش ئۈچۈن بۇتقا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان گۆشنى يەيتتى. كورىنتلىقلارنىڭ توي ۋە باشقا مۇراسىملىرىمۇ بۇتخانىلاردا ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇتقا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان گۆشلەر داستىخانغا قويۇلاتتى. ئۇ چاغلاردا بۇنداق گۆشنى يېيىش-يېمەسلىك ياكى بۇتخانىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىملارغا قاتنىشىش-قاتناشماسلىق ئېتىقادچىلار ئۈچۈن چوڭ بىر مەسىلە بولغان. **«مېھىر-مۇھەببەت بولسا ئادەمنى قۇرىدۇ»** ــ «روھىي قۇرۇش» («ئادەمنى قۇرۇش») توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**2:8 ««مېنىڭ بىلىمىم بار» دەپ ھېسابلىغان كىشى، ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى تېخى بىلىشكە تېگىشلىك دەرىجىدە بىلمىگەن بولىدۇ»** ــ بۇ ئاجايىب بايان توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**3:8 «ئەمما خۇدانى سۆيگەن كىشى بولسا، ئۇ ئۇنىڭ تەرىپىدىن تونۇلىدۇ»** ــ «خۇدا تەرىپىدىن تونۇلىدۇ» ــ بەلكىم، خۇدا ئۇنى بىلىپ «بۇ كىشى مېنىڭ ئادىمىم» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، دېمەكچى.

**4:8 ««جاھاندا بۇت دېگەن ھېچنېمە ھېسابلانمايدۇ» ۋە «بىرلا خۇدادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر»»** ــ 1-ئايەتتىكى «ھەممىمىزدە بىلىم بار»، «بۇ دۇنيادا بۇت دېگەن ھېچنەرسە ئەمەس» ۋە «خۇدادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» بەلكىم بۇ كورىنت جامائىتىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ شۇئارىدەك دائىم ئېيتىدىغان سۆزلەر ئىدى.

**4:8** قان. 39:4؛ رىم. 14:14؛ 1كور. 19:10؛ ئەف. 6:4.

دەپ قارىلىشىدىن قەتئىينەزەر (دەرۋەقە «ئىلاھلار» كۆپ، ۋە «رەب»لەر
كۆپتۇر) [6] بىراق بىز ئۈچۈن پەقەتلا بىر خۇدا، يەنى ئاتا باردۇر.
ئۇنىڭدىن بارلىق ھەممە مەۋجۇداتلار ئاپىرىدە بولغان، بىزمۇ ئۇنىڭ
ئۈچۈن مەۋجۇت بولغانمىز؛ شۇنىڭدەك، بىرلا رەب، يەنى ئەيسا مەسىھ
باردۇر. پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئۇ ئارقىلىق مەۋجۇت، بىزمۇ ئۇ ئارقىلىق
ھاياتمىز.
[7] ئەمما بۇنداق بىلىم ھەممىمىزدە تېخى يوقتۇر؛ تېخى بۇتلارغا
كۆندۈرۈلگىنىدىن خالاس بولمىغان بەزى ئېشەنگۈچىلەر بولسا
مۇشۇنداق تائاملارنى «بۇتقا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان» دەپ بىلىپ
يەيدۇ؛ شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋىجدانى ئاجىز بولغاچقا، بۇلغانغان
بولىدۇ. [8] ئەمەلىيەتتە تائاملارنىڭ ئۆزلىرى بىزنى خۇدا بىلەن
ياراشتۇرالمايدۇ؛ يېمىسەك بىزنىڭ كەمچىلىكىمىز ھېسابلانمايدۇ،
يېگەن بولساق ئارتۇقچىلىقىمۇ ھېسابلانمايدۇ. [9] بىراق ھەرھالدا
يېيىش ئەركىنلىكىڭلارنىڭ ئاجىزلارغا پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقىغا
كۆڭۈل قويۇڭلار. [10] چۈنكى ئاجىز بىر بەندە بىلىمى بار بولغان سېنىڭ
بۇتخانىدىكى داستىخاندا ئولتۇرۇپ يېگەنلىكىڭنى كۆرسە، ئۇنداقتا
ئۇ ئۆز ئاجىز ۋىجدانىغا قارشى ھالدا بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان
تائاملارنى يېيىشكە «قۇرۇلۇپ كۈچەيتىلىدىغان» بولمامدۇ؟

---

**6:8** مال. 10:2؛ يۇھ. 13:13؛ 1كور. 3:12؛ ئەف. 6:4؛ فىل. 11:2.

**7:8** 1كور. 28:10.

**8:8** رىم. 17:14.

**9:8** گال. 13:5.

10:8 **«چۈنكى ئاجىز بىر بەندە بىلىمى بار بولغان سېنىڭ بۇتخانىدىكى داستىخاندا ئولتۇرۇپ يېگەنلىكىڭنى كۆرسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز ئاجىز ۋىجدانىغا قارشى ھالدا بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان تائاملارنى يېيىشكە «قۇرۇلۇپ كۈچەيتىلىدىغان» بولمامدۇ؟» —** بۇ ئايەت توغرۇلۇق ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش كېرەك. بىرىنچى، كونا زامانلاردا كۆپ بۇتخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك «ئاشخانىلار»، «رېستورانلار» بار ئىدى. مەقسىتى بۇتپەرەسلىك ئەمەس، بەلكىم پەقەت پايدا كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما ساتقان تائاملارنىڭ كۆپىنچىسى بەلكىم خەلقلەر شۇ بۇتخانىدا بۇتلارغا ئاتاپ قىلغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق تائام يېيىشنىڭ ئۆزىنى «ساۋابلىق ئىش»، «تەلەيلىك ئىش» دەپ قارشى مۇمكىن

[11] شۇنىڭ بىلەن مەسىھ ئۇنىڭ نىجاتى ئۈچۈن ئۆلگەن، سېنىڭ
قېرىنداشىڭ بولغان بۇ ئاجىز بەندە سېنىڭ بىلىمىڭ ۋەجىدىن
هالاك بولىدۇ.
[12] شۇ يول بىلەن قېرىنداشلارغا زىيان يەتكۈزۈپ گۇناھ قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئاجىز ۋىجدانىنى زەخىملەندۈرۈپ، مەسىھكە قارشى
گۇناھ قىلىۋاتىسىلەر. [13] شۇڭا، ئەگەر بىرەر تائام ئۆز قېرىندىشىمنى
يىقىتىدىغان قىلتاق بولسا، قېرىندىشىمنى يىقىتماسلىقىم ئۈچۈن
مەن مەڭگۈگىچە گۆشنى قەتئىي يېمەيمەن.

## پاۋلۇسنىڭ كۆپ روسۇللۇق ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئىشلەتمەسلىكى

9 [1] مەن ئەركىن ئەمەسمۇ؟ مەن روسۇل ئەمەسمۇ؟ مەن رەببىمىز
ئەيسا مەسىھنى كۆرگەن ئەمەسمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلار مېنىڭ رەبدە
بولغان ئەجرىم ئەمەسمۇ؟ [2] ئەگەر باشقىلارغا نىسبەتەن روسۇل دەپ
ھېسابلانمىسام، مەن ھېچ بولمىغاندا سىلەرگە روسۇل بولدۇم؛
چۈنكى ئۆزۈڭلار رەبدە مېنىڭ روسۇل بولغانلىقىمنى تەستىقلىغان
مۆھۈردۇرسىلەر.

—ئىككىنچى، پاۋلۇسنىڭ «ئۇنىڭ ۋىجدانى... «**قۇرۇلۇپ كۈچەيتىلىدىغان**» دېگەن سۆزى كىنايىلىك گەپ. مەزكۇر سۆزنى يۇقىرىقى «مۇھەببەت (**ئادەمنى، يەنى ئادەمنىڭ روھىنى قۇرىدۇ**» دېگەن سۆز بىلەن سېلىشتۇرىشىمىز كېرەك. «مۇھەببەتنىڭ قۇرۇشى»نىڭ نەتىجىسى ياخشى، ئەلۋەتتە؛ لېكىن مۇشۇ ئايەتتە «بىلىمى بار» ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئاجىز قېرىنداشنى ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلىشقا «قۇرۇپ كۈچەيتىدۇ».

**11:8** رىم. 15:14.

**13:8** رىم. 21:14؛ 2كور. 29:11.

1:9 **«مەن ئەركىن ئەمەسمۇ؟ مەن روسۇل ئەمەسمۇ؟ مەن رەببىمىز ئەيسا مەسىھنى كۆرگەن ئەمەسمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلار مېنىڭ رەبدە بولغان ئەجرىم ئەمەسمۇ؟»** — پاۋلۇس پاۋلۇس بۇ بابتا بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا «ئۇنى قىل، بۇنى قىل» دېيىشىگە «مەن ئەركىن ئادەم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

**1:9** روس. 3:9، 17؛ 14:22، 18؛ 11:23؛ 1كور. 15:4؛ 8:15؛ 2كور. 2:12.

[3] مېنى سؤرۇشتە قىلماقچى بولغانلارغا بولغان جاۋابىم مؤنداق: ــ
[4] بىزلەرنىڭ يەپ-ئىچىشكە هوقۇقىمىز بار ئەمەسمۇ؟ [5] بىزنىڭ
باشقا روسۇللار، رەبنىڭ ئۆز ئىنىلىرى ۋە كېفاسنىڭ قىلغىنىدەك،
ئېتىقادچى بىر سىڭىلنى ئەمرىمىزگە ئېلىپ سەپەردە هەمراھ
قىلىپ يۈرۈش هەققىمىز يوقمۇ؟ [6] ئەجەبا، پەقەت بارناباس بىلەن
مېنىڭلا ئەمگەك قىلماسلىققا هوقۇقىمىز يوقمۇ؟ [7] كىم خىراجەتنى
ئۆزى تۆلەپ ئەسكەر بولۇپ جەڭگە چىقىدۇ؟ كىم ئۈزۈمزار بىنا
قىلىپ ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يېمەيدۇ؟ قايسى پادا باققۇچى پادىنىڭ
سۈتىدىن ئىچمەيدۇ؟ [8] بۇ دېگەنلىرىم پەقەت ئىنسانىي كۆزقاراش
بويىچە ئېيتىلغانمۇ؟ تەۋرات-قانۇنىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئوخشاش
دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟! [9] چۈنكى مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇندا:
«خامان تەپكەن ئۆكۈزنىڭ ئاغزىغا كۆشەك سالما» دەپ پۈتۈلگەندۇر.
خۇدا ئۆكۈزلەرگىلا كۆيۈنگەنمۇ، [10] ياكى بۇنى پەقەت بىزلەرنى دەپ
ئېيتقانمۇ؟ شۈبهىسىزكى، بۇ سۆزلەر بىزلەر ئۈچۈن پۈتۈلگەندۇر؛
شۇنىڭ ئۈچۈن يەر هەيدىگۈچى ئۈمىدتە هەيدىشىگە تېگىشلىك،
شۇنداقلا خامان تەپكۈچىمۇ هوسۇلدىن بەهرىمەن بولۇش ئۈمىدىدە

---

3:9 **«مېنى سؤرۇشتە قىلماقچى بولغانلار...»** ــ بۇ سۆز كورىنت جامائىتىدە، پاۋلۇس هەقىقىي روسۇل ئەمەس، دەپ يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

4:9 **«بىزلەرنىڭ يەپ-ئىچىشكە هوقۇقىمىز بار ئەمەسمۇ؟»** ــ روسۇللار خۇش خەۋەرنى تارقىتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئايرىلىپ چىققاچقا، جامائەتلەردىن يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە، يەنى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردەمگە ئېرىشىشكە هوقۇقلۇقتۇر. ئەمما پاۋلۇس ۋە خىزمەتدىشى بارناباس كورىنت شەھرىدە شۇنداق هوقۇقنى ئىشلەتمىگەن. كېيىنكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

**4:9** 1كور. 14:9؛ 1تېس. 6:2؛ 2تېس. 9:3.

5:9 **«بىزنىڭ باشقا روسۇللار، رەبنىڭ ئۆز ئىنىلىرى ۋە كېفاسنىڭ قىلغىنىدەك، ئېتىقادچى بىر سىڭىلنى ئەمرىمىزگە ئېلىپ سەپەردە هەمراھ قىلىپ يۈرۈش هەققىمىز يوقمۇ؟»** ــ دېمەك، روسۇللار ئۆزلىرى ۋە بالا-چاقىلىرىمۇ جامائەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە هوقۇقلۇقتۇر.

**5:9** مات. 14:8.

**7:9** يۇھ. 15:21؛ 1كور. 6:3، 7، 8؛ 2كور. 4:10؛ 1پېت. 2:5.

9:9 **«خامان تەپكەن ئۆكۈزنىڭ ئاغزىغا كۆشەك سالما»** ــ «قان.» 4:25.

**9:9** قان. 4:25؛ 1تىم. 18:5.

ئىشلەشكە تېگىشلىكتۇر. [11] بىز سىلەرگە روھىي بەخت-
بەرىكەتلەرنى تېرىپ، سىلەردىن ماددىي جەھەتتىن يىغىۋالساق بۇ
چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك بولامدۇ؟ [12] باشقا خىزمەتچىلەر سىلەردە
مۇشۇ ھوقۇقنى ئىشلەتكەن يەردە، بىز شۇنداق قىلساق تېخىمۇ
بولىدىغۇ؟ ئەمما مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىگە ھېچ توسالغۇ بولمىسۇن
دەپ، بىز بۇ ھوقۇقنى ھېچقاچان ئىشلىتىپ باقمىدۇق؛ ئەكسىچە،
ھەرقانداق ئىشلارغا چىداپ كېلىۋاتىمىز. [13] ئىبادەتخانىدىكى
مۇقەددەس ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىبادەتخانىغا ئاتالغان
ھەدىيەلەردىن يەيدىغانلىقىنى، قۇربانگاھتا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ
قۇربانلىقلاردىن ئۈلۈشىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ [14] شۇنىڭغا
ئوخشاش، رەب خۇش خەۋەرنى جاكارلىغۇچىلارنىڭ جېنى خۇش خەۋەردىن
بېقىلسۇن دەپ بېكىتكەندۇر.
[15] ئەمما مەن بولسام بۇ ھوقۇقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىشلىتىپ
باقمىدىم. ھەم ھازىرمۇ مۇشۇ ھوقۇقتىن پايدىلىناي دەپ
مۇشۇلارنى يېزىۋاتقىنىم يوق! چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ مېنى بۇ
پەخىرلىنىدىغانلىرىمدىن مەھرۇم قىلغىنىدىن كۆرە ئۆلگىنىم تۈزۈك!

---

9:10 **«شۇنىڭ ئۈچۈن يەر ھەيدىگۈچى ئۈمىدتە ھەيدىشكە تېگىشلىك، شۇنداقلا خامان تەپكۈچىمۇ ھوسۇلدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈمىدىدە ئىشلەشكە تېگىشلىكتۇر»** — «ئام.» 9:13نى كۆرۈڭ.

**9:11** رىم. 15:27؛ گال. 6:6.

9:12 **«... مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىگە ھېچ توسالغۇ بولمىسۇن دەپ، بىز بۇ ھوقۇقنى ھېچقاچان ئىشلىتىپ باقمىدۇق؛ ئەكسىچە، ھەرقانداق ئىشلارغا چىداپ كېلىۋاتىمىز»** — غەلىتە يېرى شۇكى، بەزىلەر «پاۋلۇس ۋە بارناباس ھەقىقىي روسۇللار ئەمەس، چۈنكى ئۇلار بىزدىن پۇل **سوراپ باقمىغان!**» دېگەن.

**9:12** روس. 20:33؛ 2كور. 11:9؛ 12:13.

**9:13** قان. 18:1.

9:14 **«... خۇش خەۋەرنى جاكارلىغۇچىلارنىڭ جېنى خۇش خەۋەردىن بېقىلسۇن»** — دېمەك، خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغانلار تەرىپىدىن قامدالسۇن.

**9:14** لاۋ. 19:13؛ قان. 24:14؛ 25:4؛ مات. 10:10؛ لۇقا 10:7؛ 1تىم. 5:18.

9:15 **«مەن باشقىلارنىڭ مېنى بۇ پەخىرلىنىدىغانلىرىمدىن مەھرۇم قىلغىنىدىن كۆرە

[16] چۈنكى مېنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلىشىمدا پەخىرلەنگۈدەك ئىش يوق؛ چۈنكى ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى مېنى بېسىپ تۇرىدۇ؛ خۇش خەۋەرنى جاكارلىمىسام هالىمغا ۋاي! [17] چۈنكى ئەگەر ئۇنى خالىس قىلسام، ئۇنىڭدىن ماڭا ئىنئام بولىدۇ؛ ئەمما ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بولمىسا، بۇ پەقەت مېنىڭ غوجىدارلىق بۇرچىنى ئادا قىلغىنىم بولىدۇ، خالاس.
[18] شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ ئىنئامىم زادى نېمە بولىدۇ؟ مېنىڭ ئىنئامىم دەل شۇكى، خۇش خەۋەر جاكارلىغىنىمدا مەن خۇش خەۋەرگە كىشىلەرنى ھەقسىز ئېرىشتۈرىمەن ــ دېمەك، ئىنئامىم خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشتىكى تېگىشلىك ھەق ئېلىش ھوقۇقلىرىمنى ھېچ ئىشلەتمەسلىكىمدىن ئىبارەتتۇر.
[19] چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىلكىدىن ئەركىن بولۇپ، ئۆزۈمنى كۆپچىلىككە قۇل قىلدىم؛ شۇ يول بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك ئادەملەرنى قايىل قىلىپ قۇتقۇزسام دەيمەن. [20] يەھۇدىيلارنى قايىل قىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن يەھۇدىيغا ئوخشاش بولدۇم؛ تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇرغانلارنى قايىل قىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن (تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇرغان بولمىساممۇ) تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇرغانلارغا نىسبەتەن تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇرغانغا ئوخشاش بولدۇم؛ [21] تەۋرات قانۇنىدا بولمىغانلارنى قايىل قىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىدا بولمىغانلارغا نىسبەتەن (خۇدا ئالدىدا قانۇنسىز بولماي، بەلكى مەسىھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشۇم بىلەن) مەن تەۋرات قانۇنىدا بولمىغانلارغا ئوخشاش بولدۇم؛ [22] ئاجىزلارنى

---

**ئۆلگىنىم تۈزۈك!»** ــ «بۇ پەخىرلەنگىنىم» دەل ئۇنىڭ خۇش خەۋەرنى ھېچقانداق ئىنئام-ھەدىيەنى قوبۇل قىلماي جاكارلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**20:9** روس. 3:16؛ 18:18؛ 23:21.

21:9 **«تەۋرات قانۇنىدا بولمىغانلار»** ــ دېمەك، يەھۇدىي ئەمەسلەر. ئۇلار تەۋرات قانۇنىنى بىلمەيدۇ ياكى ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغانلاردۇر. **«مەسىھنىڭ قانۇنى»** ــ مۇقەددەس روھتا ياشاپ «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن، پۈتۈن جېنىڭ بىلەن ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن» ۋە «قوشنائىنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن» دېگەندىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە.

**21:9** گال. 2:3.

قايىل قىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاجىزلارغا ئۆزۈم ئاجىزدەك بولدۇم؛
مۇمكىن قەدەر كۆپرەك ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەن ھەرقانداق
ئادەمگە قارىتا شۇنداق ئادەم بولدۇم. [23] ئۆزۈمنىڭ خۇش خەۋەردىن
نېسىۋەم بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى دەپ ھەممە ئىشنى قىلىمەن.
[24] بەيگىگە چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى يۈگۈرىشىدۇ، ئەمما
پەقەت بىرىلا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغىنىنى بىلمەمسىلەر؟ غەلىبە
قازىنىش ئۈچۈن يۈگۈرۈڭلار. [25] مۇسابىقىدە ئېلىشقۇچىلارنىڭ
ھەممىسى ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تىزگىنلەيدۇ؛ ئۇلار پەقەت بىر
چىرىپ كېتىدىغان تاجغا ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ،
ئەمما بىز بولساق چىرىماس تاج ئۈچۈن شۇنداق قىلىمىز. [26] شۇڭا
مەن نىشانسىز ئادەمدەك يۈگۈرۈۋاتمايمەن؛ مۇشت ئاتسام ھاۋاغا
ئاتىدىغان ئادەمدەك بولمايمەن. [27] ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ئۆز تېنىمنى
ئۇرۇپ ئۆزۈمگە كۆندۈرۈپ، ئۇنى ئۆزۈمگە قۇل قىلىمەن؛ ئۇنداق
قىلمىغاندا، باشقىلارغا تەلىم جاكارلاپ تۇرۇپ ئۆزۈم لاياقەتلىك
بولماي قېلىشىم مۇمكىن.

## ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن چىقىپ، چۆل-باياۋاندىن ئۆتكەندىكى ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك

10 [1] چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، مەن سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى-
مىزنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇلۇت ئاستىدا يۈرگەنلىكىدىن ۋە

22:9 **«ئاجىزلارنى قايىل قىلىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاجىزلارغا ئۆزۈم ئاجىزدەك بولدۇم»** — «ئاجىزلار» بەلكىم خۇدا توغرىسىدىكى بىلىمنى تونۇپ يەتمىگەنلىكتىن ۋىجدانى ئاسانلا ئازابلىنىدىغان ئېتىقادچىلارنى، ياكى ئېتىقادى كۈچلۈك ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**22:9** رىم. 1:15؛ 1كور. 33:10؛ گال. 1:6.

**24:9** گال. 2:2؛ 7:5؛ فىل. 16:2؛ 2تىم. 7:4؛ ئىبر. 18:6.

25:9 **«مۇسابىقىدە ئېلىشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تىزگىنلەيدۇ؛ ئۇلار پەقەت بىر چىرىپ كېتىدىغان تاجغا ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ...»** — ئەسلىدىكى «ئولىمپىيا»دىكى غالىبلار يوپۇرماق-گۈللەردىن ياسالغان تاجغا ئېرىشەتتى.

**25:9** 2تىم. 4:2؛ 7:4، 8؛ 1پېت. 1:4؛ 4:5.

هەممىسىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ماڭغانلىقىدىن خەۋەرسىز يۈرۈشۈڭلارنى
خالىمايمەن؛ [2]ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇلۇتتا ھەم دېڭىزدا مۇسانىڭ
يېتەكچىلىكىگە چۆمۈلدۈرۈلگەن؛ [3]ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش
روھىي تائامنى يېگەن، [4]ھەممىسى ئوخشاش روھىي ئىچىملىكنى
ئىچكەن؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئەگىشىپ يۈرگەن روھىي
ئۇيۇلتاشتىن ئىچەتتى (ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ ئۇيۇلتاش مەسىھنىڭ ئۆزى
ئىدى)؛ [5]شۇنداقتىمۇ، خۇدا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن رازى بولمىغانىدى؛
چۈنكى «ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى چۆل-باياۋاندا چېچىلىپ قالغان».
[6]ئەمما بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ بېشىغا بىزلەرگە ساۋاق-بېشارەت بولسۇن
ئۈچۈن چۈشكەنىدى؛ بۇنىڭدىن مەقسەت، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ يامان
ئىشلارغا ھەۋەس قىلغىنىدەك ھەۋەس قىلماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر.
[7]سىلەر يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئوخشاش بۇتقا چوقۇنىدىغانلاردىن
بولماڭلار؛ بۇلار توغرۇلۇق: «خەلق يەپ-ئىچىشكە ئولتۇردى،
ئاندىن كەيپ-ساپاغا تۇردى» دەپ پۈتۈلگەن. [8]بىز يەنە ئۇلارنىڭ

---

**1:10** مىس. 21:13؛ 22:14؛ چۆل. 18:9؛ قان. 33:1؛ يە. 23:4؛ نەھ. 12:9، 19؛ زەب. 13:78، 14؛ 39:105.

2:10 **«ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار، 1-ئايەتنى كۆرۈڭ ھەممىسى بۇلۇتتا ھەم دېڭىزدا مۇسانىڭ يېتەكچىلىكىگە چۆمۈلدۈرۈلگەن»** ـــ مۇشۇ (1-2-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن) ۋەقەلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن «مىسىردىن چىقىش» 14-بابنى كۆرۈڭ. «مۇسا» مۇسا پەيغەمبەر، ئەلۋەتتە. مۇشۇ مۇھىم ئايەت ئۈستىدە ۋە بۇ بابتىكى باشقا مىساللار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**2:10** مىس. 20:13-22؛ 19:14، 20.

**3:10** مىس. 15:16.

**4:10** مىس. 6:17؛ چۆل. 11:20؛ زەب. 15:78-16

5:10 **«ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى چۆل-باياۋاندا چېچىلىپ قالغان»** ـــ «چۆل.» 16:14، 32.

**5:10** چۆل. 65:26.

**6:10** چۆل. 4:11، 33؛ زەب. 14:106.

7:10 **«خەلق يەپ-ئىچىشكە ئولتۇردى، ئاندىن كەيپ-ساپاغا تۇردى»** ـــ مۇشۇ يەردىكى «كەيپ-ساپا» بەلكىم بۇتپەرەسلىك ھەم ئۇنىڭغا باغلانغان شەھۋانىيەتنى كۆرسىتىدۇ. «پۈتۈلگەن» ـــ «مۇقەددەس كىتابتا پۈتۈلگەن»، ئەلۋەتتە («مىس.» 6:32).

**7:10** مىس. 6:32.

بەزىلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلغىنىدەك بۇزۇقچىلىق قىلمايلى؛
چۈنكى شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىن يىگىرمە ئۈچ مىڭ كىشى بىر كۈندىلا
ئۆلدى. [9]يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەسىھنى سىنىغىنىدەك
مەسىھنى سىنىمايلى؛ چۈنكى شۇ سەۋەبتىن ئۇلار يىلانلار چېقىشى
بىلەن ھالاك بولدى. [10]يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاغرىنغاندەك
ئاغرىنىپ قاقشىماڭلار ــ نەتىجىدە، ئۇلار جان ئالغۇچى پەرىشتە
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. [11]ئەمدى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ
بېشىغا بېشارەتلىك مىساللار سۈپىتىدە چۈشكەن ۋە ئاخىرقى
زامانلار بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بىزلەرنىڭ ئۇلاردىن ساۋاق-ئىبرەت
ئېلىشىمىز ئۈچۈن خاتىرىلەنگەنىدى. [12]شۇنىڭ بىلەن «مەن
ئېتىقادتا چىڭ تۇرىمەن» دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ يىقىلىپ
كېتىشىدىن ھېزى بولسۇن! [13]سىلەر دۇچ كەلگەن سىناقلارنىڭ
ھەممىسىگە باشقا ئادەملەرمۇ ئوخشاش دۇچ كەلگەن. ۋە خۇدا بولسا
ۋەدىسىدە تۇرغۇچىدۇر، ئۇ سىلەرنى كۆتۈرەلمىگۈدەك سىناقلارغا
ئۇچراتمايدۇ، بەلكى سىناق بېشىڭلارغا چۈشكەندە، شۇنىڭ بىلەن

8:10 **«بىز يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلغىنىدەك بۇزۇقچىلىق قىلمايلى؛ چۈنكى شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىن يىگىرمە ئۈچ مىڭ كىشى بىر كۈندىلا ئۆلدى»** ــ بۇ ۋەقە «چۆل.» 1:25-9دە خاتىرىلەنگەن.

**8:10** چۆل. 1:25، 9؛ زەب. 28:106-29.

9:10 **«يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەسىھنى سىنىغىنىدەك مەسىھنى سىنىمايلى؛ چۈنكى شۇ سەۋەبتىن ئۇلار يىلانلار چېقىشى بىلەن ھالاك بولدى»** ــ «چۆل.» 1:21-9نى كۆرۈڭ.

**9:10** چۆل. 5:21؛ زەب. 14:106

10:10 **«يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاغرىنغاندەك ئاغرىنىپ قاقشىماڭلار ــ نەتىجىدە، ئۇلار جان ئالغۇچى پەرىشتە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى»** ــ «چۆل.» 41:16-50نى كۆرۈڭ.

**10:10** مىس. 2:16؛ 2:17؛ چۆل. 36:14؛ زەب. 25:106-26

11:10 **«بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بېشىغا بېشارەتلىك مىساللار سۈپىتىدە چۈشكەن»** ــ «بېشارەتلىك مىساللار»: «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بۇ باب توغرۇلۇق سۆزلىگىنىمىزدە بۇ تېما توغرۇلۇقمۇ توختىلىمىز.

**11:10** رىم. 4:15؛ 1كور. 10:9؛ فىل. 5:4؛ ئىبر. 25:10.

تەڭ ئۆتكۈدىن ئۆتۈپ قۇتۇلۇش يولىنى يارىتىپ بېرىدۇ؛ سىلەر
شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈغا بەرداشلىق بېرىدىغان بولىسىلەر. [14] شۇ
سەۋەبتىن، سۆيۈملۈكلىرىم، بۇتپەرەسلىكتىن قېچىڭلار!
[15] سىلەرنى ئەقىل-ھوشى جايىدا كىشىلەر دەپ قاراپ شۇنى
ئېيتىۋاتىمەن؛ سۆزلىگەنلىرىمنى باھالاپ بېقىڭلار: — [16] بىز
بەرىكەتلىك بولسۇن دەپ تىلىگەن، بەرىكەتلىك جامدىكى شارابنى
ئىچكىنىمىز، مەسىھنىڭ قېنىدىن ئورتاق بەھرىلەنگىنىمىز
ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئوشۇتقان نانني يېگىنىمىز، مەسىھنىڭ تېنىدىن
ئورتاق بەھرىلەنگىنىمىز ئەمەسمۇ؟ [17] بىز نۇرغۇن بولساقمۇ بىر
نان، بىر تەندۇرمىز؛ چۈنكى ھەممىمىز شۇ بىر ناندىن نېسىۋە
ئالىمىز. [18] جىسمانىي ئىسرائىلغا قاراڭلار؛ قۇربانلىقلارنى يېگەنلەر
قۇربانگاھقا نېسىپداشلار ئەمەسمۇ؟ [19] ئەمدى نېمە دېمەكچىمەن؟
بۇتقا ئاتاپ سۇنۇلغان قۇربانلىقنىڭ بىرەر ئەھمىيىتى بارمىدۇ؟
بۇتنىڭ بىرەر ئەھمىيىتى بارمىدۇ؟ [20] ياق، بىراق كاپىرلار بۇتلارغا
سۇنغان قۇربانلىقلارنى خۇداغا ئەمەس، بەلكى جىنلارغا ئاتايدۇ.
مەن سىلەرنىڭ جىنلار بىلەن ئورتاق نېسىپداش بولۇشۇڭلارنى

---

13:10 **«سىلەر دۇچ كەلگەن سىناقلارنىڭ ھەممىسىگە باشقا ئادەملەرمۇ ئوخشاش دۇچ كەلگەن»** — ئەينى تېكىستتە: «سىلەر دۇچ كەلگەن سىناقلاردىن ھېچقايسىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەمەس» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

**13:10** 1كور. 8:1؛ 1تېس. 24:5؛ 2پېت. 9:2.

16:10 **««بەرىكەتلىك جام» ... «ئوشتىدىغان نان»»** — «بەرىكەتلىك جام» ۋە «ئوشۇتقان نان» دېگەنلەر «رەبنىڭ زىياپىتى» ياكى «رەبنىڭ غىزاسى»دىن ئىبارەتتۇر. «رەبنىڭ زىياپىتى» ياكى «رەبنىڭ داستىخىنى» توغرۇلۇقمۇ 11:23-34نى كۆرۈڭ.

17:10 **«بىز نۇرغۇن بولساقمۇ بىر نان، بىر تەندۇرمىز؛ چۈنكى ھەممىمىز شۇ بىر ناندىن نېسىۋە ئالىمىز»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «نان بىر بولغاچقا، بىزمۇ بىر تەن بولىمىز؛ چۈنكى ھەممىمىز بىر ناندىن نىسىۋە ئالىمىز».

**17:10** رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12.

**19:10** 1كور. 4:8.

خالىمايمەن. [21]رەبنىڭ جامىدىن ۋە جىنلارنىڭ جامىدىن تەڭ
ئىچكۈچى بولساڭلار بولمايدۇ؛ رەبنىڭ داستىخىنىغا ۋە جىنلارنىڭ
داستىخىنىغا تەڭ داخىل بولساڭلار بولمايدۇ. [22]رەبنىڭ ھەسەت-
غەزىپىنى قوزغىماقچىمىزمۇ؟ بىز ئۇنىڭدىن كۈچلۈكمۇ-يا؟
[23]«ھەممە نەرسە ھالالدۇر»، ئەمما ھەممە نەرسە پايدىلىق بولۇۋەرمەيدۇ؛
«ھەممە نەرسە ھالالدۇر»، ئەمما ھەممە نەرسە ئادەمنىڭ ئېتىقادىنى
قۇرالمايدۇ. [24]ئەمدى ھېچكىم ئۆز مەنپەئەتىنى ئىزدىمىسۇن،
بەلكى ئۆزگىلەرنىڭكىنى ئىزدىسۇن. [25]گۆش بازىرىدا سېتىلغان
ھەربىرنەرسىنى ۋىجدانىڭلارنى دەپ ئولتۇرماي، ھېچنېمىنى
سورۇشتە قىلماي يەۋېرىڭلار. [26]چۈنكى «جاھان ۋە ئۇنىڭغا تولغان
ھەممە مەۋجۇداتلار پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر» دەپ پۈتۈلگەن.
[27]ئەمما ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ بىرەرسى سىلەرنى زىياپەتكە تەكلىپ
قىلسا ۋە كۆڭلۈڭلار تارتسا، ئالدىڭلارغا قويۇلغان ھەممىنى ۋىجدانىڭلارنى
دەپ ئولتۇرماي يەۋەر؛ [28]ئەمما بىرسى ساڭا: «بۇ بۇتلارغا ئاتالغان
قۇربانلىق تائامى» دېسە، ئۇنداقتا ئۇنى يېمە؛ نېمىشقا دېسەڭ، بۇ
ئىشنى ساڭا ئېيتقان ئادەمنىڭ سەۋەبى ئۈچۈن، شۇنداقلا ۋىجداننىڭ

---

20:10 **«كاپىرلار بۇتلارغا سۇنغان قۇربانلىقلارنى خۇداغا ئەمەس، بەلكى جىنلارغا ئاتايدۇ»** — «كاپىرلار» گرېك تىلىدا «تائىپىلەر» ياكى «ئەللەر».

**20:10** لاۋ. 7:17؛ قان. 17:32.

23:10 **«ھەممە نەرسە ماڭا ھالالدۇر»** — بۇ سۆز-ئىبارە بەلكىم كورىنتلىقلار ئىشلىتىۋاتقان ئىنجىلدىكى يېمەك-ئىچمەكلەر توغرۇلۇق تەلىملەرنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتكە يېقىن بولغىنى بىلەن، پاۋلۇس ھازىر ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەكلەر توغرۇلۇق باشقا تەرەپلەردىنمۇ ئويلاش كېرەك، دەپ تەلىم بەرمەكچى.

**23:10** 1كور. 12:6.

**24:10** 1كور. 5:13؛ فىل. 4:2.

26:10 **«جاھان ۋە ئۇنىڭغا تولغان ھەممە مەۋجۇداتلار پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر»** — «زەب.» 1:24 ۋە 12:50، 11:89.

**26:10** مىس. 5:19؛ زەب. 1:24؛ 12:50؛ 11:89

**27:10** لۇقا 7:10؛ 1كور. 8:7.

سەۋەبى ئۈچۈندۇر؛ [29] مەن دېگەن ۋىجدان سىنىڭكى ئەمەس، بەلكى
ھېلىقى كىشىنىڭ ۋىجدانى؛ مېنىڭ ئەركىنلىكىمگە باشقىلارنىڭ
ۋىجدانى تەرىپىدىن يامان دەپ باھا بېرىلىشىنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟
[30] مەن تەشەككۈر ئېيتىپ يېسەم، تەشەككۈر ئېيتقان نەرسىنى دۇرۇس
يېگىنىم تۈپەيلىدىن يامان دەپ قارىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟
[31] شۇڭا سىلەر نېمىنى يېسەڭلار، نېمىنى ئىچسەڭلار ياكى ھەرقانداق
باشقا ئىشلارنى قىلساڭلار، ھەممە ئىشلارنى خۇداغا شان-شەرەپ
كەلتۈرۈلسۇن دەپ قىلىڭلار. [32-33] مەن ئۆزۈم ھەممەيلەننى ھەممە
ئىشتا مەمنۇن قىلىشقا ئىنتىلگىنىمدەك، ئۆز مەنپەئەتىم ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى، ئۇلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى
ئۈچۈن ئىنتىلگىنىمدەك، ھېچكىمنىڭ ئالدىغا — يەھۇدىيلار
بولسۇن، گرېكلار بولسۇن، خۇدانىڭ جامائىتىدىكىلەر بولسۇن
ئالدىغا پۇتلىكاشاڭ بولماڭلار.
مەن مەسىھنى ئۈلگە قىلغىنىمدەك، سىلەرمۇ مېنى ئۈلگە قىلىڭلار.

## ئىبادەت قائىدىلىرى

11 [1-2] ئەمدى سىلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەرىپلەيمەنكى، ئى
قېرىنداشلار، ھەممە ئىشلاردا سىلەر مېنى ئەسلەپ

28:10 **«بىرسى ساڭا: «بۇ بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىق تائامى» دېسە،...»** — دېگۈچىنىڭ كۆرسەتمەكچى بولغىنى بەلكىم: (1) «سەن ئىشەنگۈچى ئەمەسمۇ، بۇنداق بۇتلارغا چېتىشلىق نەرسىنى يېمەسلىكىڭ كېرەك» ياكى (2) «بۇ ئالاھىدە بۇتلارغا نەزىر قىلىنغان، شۇڭا ئۇنى يېسەڭ، ساڭا ئالاھىدە بەرىكەت بولىدۇ!». «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

30:10 **«مەن تەشەككۈر ئېيتىپ يېسەم، تەشەككۈر ئېيتقان نەرسىنى دۇرۇس يېگىنىم تۈپەيلىدىن يامان دەپ قارىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟»** — مۇشۇ مۇھىم پرىنسىپ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**30:10** رىم. 6:14؛ 1تىم. 3:4.

**31:10** كول. 17:3.

**33-32:10** رىم. 13:14؛ 1كور. 22:9.

تۇرۇۋاتىسىلەر، مەن سىلەرگە تاپشۇرغىنىمدەك، كۆرسەتمىلەرنى
تۇتۇپ كېلىۋاتىسىلەر. 3ئەمما مەن سىلەرنىڭ ھەر ئەرنىڭ بېشى
مەسىھدۇر، ئايالنىڭ بېشى ئەردۇر ۋە مەسىھنىڭ بېشى خۇدادۇر دەپ
بىلىشىڭلارنى خالايمەن. 4شۇڭا، ئىبادەتكە قاتناشقاندا، ھەرقانداق
ئەر بېشىغا بىرنەرسە ئارتقان ھالدا دۇئا قىلسا ياكى بېشارەت بەرسە،
ئۇ ئۆز بېشىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ. 5ئەمما ئىبادەتكە
قاتناشقاندا، ھەرقانداق ئايال بېشىغا بىرەرنەرسە ئارتمىغان ھالدا دۇئا
قىلسا ياكى بېشارەت بەرسە، ئۇ ئۆز بېشىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان
بولىدۇ؛ بۇنداق ئايالنىڭ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، رەسۋا قىلىنغان
ئايالدىن پەرقى يوقتۇر. 6ئايال كىشىنىڭ بېشىغا ئارتقىنى يوق
بولسا، چاچلىرى چۈشۈرۈۋېتىلسۇن؛ ئايالغا نىسبەتەن چاچلىرىنىڭ
كېسىۋېتىلىشى ياكى چۈشۈرۈۋېتىلىشى ئۇياتلىق ئىش بولسا، ئەمدى
ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر ئارتقىنى بولسۇن. 7چۈنكى ئەر كىشى بولسا
بېشىنى ياپماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى ۋە
شان-شەرىپىدۇر؛ ئەمما ئايال كىشى بولسا ئەرنىڭ شان-شەرىپىدۇر.

---

**2-1:11** 1كور. 16:4؛ فىل. 17:3؛ 1تېس. 6:1؛ 2تېس. 9:3.

3:11 **«ئايال ياكى قىزنىڭ بېشى ئەردۇر»** ــ تويى قىلغاندا ئۇنىڭ بېشى ئۆز ئېرى، ئەلۋەتتە؛ تۇرمۇشقا چىقمىغان بولسا ئۇنىڭ ئاتىسى؛ تەنھا، تۇل ياكى ئاجراشقان قىز-ئاياللار بولسا، ئۇلارنىڭ بېشى (بار بولسا) جامائەتتىكى ئاقساقاللار بولىدۇ.

**3:11** يۇھ. 28:14؛ 1كور. 23:3؛ 27:15؛ ئەف. 23:5.

4:11 **«ئىبادەتكە قاتناشقاندا، ھەرقانداق ئەر بېشىغا بىرنەرسە ئارتقان ھالدا ... بېشارەت بەرسە»** ــ «بېشارەت بەرسە» ــ «خۇدانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزسە»، ياكى «پەيغەمبەرلىك سۆز قىلسا...» دېگەنلىك. «ئۆز بېشىغا ھۆرمەتسىزلىق قىلىدۇ» ــ دېمەك، مەسىھكە بىھۆرمەتلىك قىلىدۇ

5:11 **«...ئۇ ئۆز بېشىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ»** ــ دېمەك، ئۆز ئېرىگە ياكى جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ. **«بۇنداق ئايالنىڭ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، رەسۋا قىلىنغان ئايالدىن پەرقى يوقتۇر»** ــ كونا زامانلاردا ئاياللار بۇزۇقچىلىق قىلغان بولسا، ئۇلارنى جازالاش ئۇسۇلى ئايالنى رەسۋا قىلىپ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

**6:11** چۆل. 18:5؛ قان. 22:5.

7:11 **«چۈنكى ئەر كىشى بولسا بېشىنى ياپماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى ۋە شان-شەرىپىدۇر؛ ئەمما ئايال كىشى بولسا ئەرنىڭ شان-**

[8] چۈنكى ئەر بولسا ئايالدىن ئەمەس، بەلكى ئايال ئەردىندۇر.
[9] شۇنىڭدەك ئەر كىشى ئايال ئۈچۈن ئەمەس، ئايال كىشى ئەر ئۈچۈن
يارىتىلغاندۇر. [10] بۇ سەۋەبتىن، ھەم پەرىشتىلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئايال
كىشى بېشىدا ھوقۇقنىڭ بەلگىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. [11] ھالبۇكى،
رەبدە ئايال ئەرسىز بولماس ۋە ئەر ئايالسىز بولماس؛ [12] چۈنكى ئايال
ئەردىن چىقىرىلغىنىدەك، ئەر ئايال ئارقىلىق تۇغۇلىدۇ؛ لېكىن ھەممە
ئىش خۇدادىندۇر. [13] ئۆز كۆڭلۈڭلاردا باھا بېرىڭلار؛ ئاياللارنىڭ بېشىغا
بىرنەرسە ئارتماي تۇرۇپ خۇداغا دۇئا قىلىشى مۇۋاپىقمۇ؟ [14] تەبىئەتنىڭ
ئۆزى سىلەرگە ئەر كىشىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى بولسا ئۇنىڭغا ئۇيات
ئىكەنلىكىنى ئۆگەتمەمدۇ؟ [15] ئەمما ئايال كىشىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى
بولسا، بۇ ئۇنىڭغا شان-شەرەپ بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى
ئۇنىڭغا بېزەك-يېپىنچا بولسۇن دەپ تەقدىم قىلىنغان.
[16] بىرسىنىڭ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلغۇسى بولسا،
شۇنى بىلسۇنكى، بىزلەردە ھەم خۇدانىڭ جامائەتلىرىدىمۇ شۇلاردىن
باشقا ھېچ قائىدىلەر يوقتۇر.

---

**شەرىپىدۇر»** — بۇ ئايەتتىن (ۋە شۇنداقلا 4-6-ئايەتلەردىن) پاۋلۇسنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋاللار ئەمەس، بەلكى ئىبادەت سورۇنلىرى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرىدۇ؛ بۇ ئۇنىڭ ئەرلەرگە تالاغا چىققاندا ھەرقانداق بۆكلەرنى كىيىشنى مەنئى قىلغىنى ئەمەس! ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ئاياللارنىڭ تالادا يۈرگەندە رومال-ياغلىق ئارتىش-ئارتماسلىقى توغرىسىدىمۇ گەپ يوق.

**7:11** يار. 26:1، 27؛ 1:5؛ 6:9؛ كول. 10:3.

**8:11 «چۈنكى ئەر بولسا ئايالدىن ئەمەس، بەلكى ئايال ئەردىندۇر»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، خۇدا ھاۋا ئانىمىزنى ئادەمئاتىمىزنىڭ تېنىدىن قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ ياسىغان. «يار.» 2-بابنى كۆرۈڭ.

**8:11** يار. 18:2، 21.

**10:11 «پەرىشتىلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئايال كىشى بېشىدا ھوقۇقنىڭ بەلگىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك»** — «پەرىشتىلەرنىڭ سەۋەبىدىن» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. بىز بۇ ئايەتلەر (1-16)نى تەپسىلىي ھالدا شەرھلەيمىز.

**16:11** 1تىم. 4:6.

## رەبنىڭ داستىخىنى توغرۇلۇق

[17] ئەمما ھازىر دېمەكچى بولغان ئىش، يەنى سىلەر يىغىلغان سورۇنلارغا كەلسەك، ئۇنىڭدا سىلەرنى تەرىپلىمەيمەن؛ چۈنكى يىغىلغىنىڭلارنىڭ نەتىجىسى پايدىلىق ئەمەس، بەلكى زىيانلىق بولۇۋاتىدۇ. [18] چۈنكى بىرىنچىدىن، سىلەر جامائەتتە يىغىلغىنىڭلاردا، ئاراڭلاردا گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈشلەر بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم؛ بۇ گەپكە قىسمەن ئىشەندىم. [19] ئاراڭلاردا بۆلۈنۈشلەر پەيدا بولماي قالمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئاراڭلاردا كىمنىڭ لاياقەتلىك بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولمايتتى.

[20] سىلەر بىر يەرگە جەم بولغىنىڭلاردا، سىلەر ھەقىقەتەن «رەبنىڭ زىياپىتى»دىن يېمەيسىلەر. [21] چۈنكى يېگىنىڭلاردا ھەربىرىڭلار باشقىلارنىڭ يېيىشىنى كۈتمەيلا ئۆزۈڭلار ئېلىپ كەلگەن غىزانى يەۋېرىسىلەر-دە، بىرسى ئاچ قالىدۇ، يەنە بىرسى مەست بولۇپ كېتىدۇ.

---

19:11 **«ئاراڭلاردا بۆلۈنۈشلەر پەيدا بولماي قالمايدۇ...»** — ئاز بولمىغان ئالىملار پاۋلۇسنىڭ بۇ جۈملىسى كىنايىلىك، كورىنتلىقلارنى تەنقىد قىلىدىغان ئالاھىدە سۆزلەر، دەپ قارايدۇ. بىزمۇ شۇ كۆزقاراشقا مايىلمىز؛ چۈنكى ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان باشقا جامائەتلەر ئارىسىدا ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىدى؛ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بىرلىكى خېلى كۈچلۈك ئىدى (مەسىلەن، فىلىپپى شەھىرىدىكى جامائەتتە).

—قانداقلا بولمىسۇن، مەلۇم جامائەتتىكى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كورىنت جامائەتتەك «روھقا تەۋە» ئەمەس، بەلكى «ئەتكە تەۋە»، «ئەتىقادتا بوۋاقلار» بولسا، ئۇنداقتا «بۆلۈنۈشلەر» پەيدا بىپولماي قالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھەقىقەتەن رەبنىڭ يولىنى ئىزدىگۈچىلەرگە كۆپرەك بېسىم بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھتا ئۆستۈرۈلۈشىگە مۇھىم بىر تۈرتكە بولىدۇ.

**19:11** مات. 7:18؛ لۇقا 1:17؛ روس. 30:20؛ 1يۇھ. 19:2.

**20:11** لۇقا 22:14-20.

21:11 **«چۈنكى يېگىنىڭلاردا ھەربىرىڭلار باشقىلارنىڭ يېيىشىنى كۈتمەيلا ئۆزۈڭلار ئېلىپ كەلگەن غىزانى يەۋېرىسىلەر-دە، بىرسى ئاچ قالىدۇ، يەنە بىرسى مەست بولۇپ كېتىدۇ»** — روسۇلنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، كورىنت ئېتىقادچىلار جامائىتىنىڭ يىغىنلىرىدا پات-پات «ئورتاق زىياپەت»نى تۈتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «رەبنىڭ زىياپىتى»نى يېيەتتى («يەھ.» 12نى كۆرۈڭ). لېكىن باي قېرىنداشلار ئۆز مول تاماقلىرى ئالغاچ ئۆزىنىڭ بايلىقلىرىنى كۆز-كۆز قىلىپ كۆرسەتتى، باشقا كەمبەغەل قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلاشمايتتى. «زىياپەت» قالايمىقان بولغاچقا، «رەبنىڭ زىياپىتى»نىڭ ئۆزى كۆزگە ئىلىنماي بولۇپ قېلىپ، رەبنىڭ نامىغا نومۇس كەلتۈرگەندى.

[22] يەپ-ئىچىشكە ئۆز ئۆيلىرىڭلار يوقمۇ؟ خۇدانىڭ جامائىتىنى كۆزگە
ئىلماي، يوقسۇللارنى خىجالەتكە قويماقچىمۇسىلەر؟ سىلەرگە نېمە
دېسەم بولار؟ سىلەرنى تەرىپلەمدىمەن؟ ياق، سىلەرنى تەرىپلىمەيمەن.
[23] چۈنكى مەن سىلەرگە رەببىنىڭ زىياپىتى توغرۇلۇق يەتكۈزگەنلىرىمنى
ئۆزۈم رەببدىن تاپشۇرۇۋالغانمەن؛ دېمەك، رەب ئەيساغا ساتقۇنلۇق
قىلىنغان كېچىدە ئۇ قولىغا نان ئېلىپ، [24] تەشەككۈر ئېيتقاندىن
كېيىن ئۇنى ئوشتۇپ: «مانا، سىلەرگە ئاتالغان مېنىڭ تېنىم؛
بۇنى مېنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىڭلار» ــ دېدى.
[25] شۇنىڭدەك، غىزادىن كېيىن ئۇ جامنى قولىغا ئېلىپ: «مانا، بۇ
جامدىكى شاراب قېنىمدا بولغان «يېڭى ئەھدە»دۇر؛ ھەر قېتىم
بۇنىڭدىن ئىچكىنىڭلاردا، مېنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق
قىلىڭلار» ــ دېدى. [26] چۈنكى سىلەر ھەر قېتىم بۇ ناندىن يېگەن، بۇ
جامدىن ئىچكەن بولساڭلار، تاكى ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگىچە سىلەر
رەببىنىڭ ئۆلۈمىنى جاكارلىغان بولىسىلەر. [27] شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمكى
لاياقەتسىز ھالدا بۇ ناننى يېسە ياكى رەببىنىڭ جامىدىن ئىچسە،
رەببىنىڭ تېنى ھەم قېنىغا نىسبەتەن گۇناھكار بولىدۇ. [28] شۇنىڭ
ئۈچۈن ھەربىرسى بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن
ناندىن يېسۇن، جامدىن ئىچسۇن. [29] چۈنكى رەببىنىڭ تېنىنى پەرق
ئەتمەي تۇرۇپ يېگۈچى ۋە ئىچكۈچى ھەركىم ئۆزىگە ھۆكۈم-جازانى

---

22:11 **«يەپ-ئىچىشكە ئۆز ئۆيلىرىڭلار يوقمۇ؟ خۇدانىڭ جامائىتىنى كۆزگە ئىلماي، يوقسۇللارنى خىجالەتكە قويماقچىمۇسىلەر؟»** ــ بەزى ئېتىقادچىلار جەم بولۇپ ئولتۇرغان سورۇنلاردا كۆپ غىزالارنى ئېلىپ كېلىپ يېسە، غىزاسىز قېرىنداشلىرى ئەلۋەتتە خىجىل بولۇپ قالىدۇ.

**23:11** مات. 26:26؛ مار. 22:14؛ لۇقا 19:22.

25:11 **«... مانا، بۇ جامدىكى شاراب قېنىمدا بولغان «يېڭى ئەھدە»دۇر»** ــ «يېڭى ئەھدە» تەۋرات، «يەر.» 31:31-34دە بېشارەت بېرىلگەن.

**26:11** يۇھ. 3:14؛ روس. 11:1.

**27:11** چۆل. 10:9، 13؛ يۇھ. 51:6، 63، 64؛ 27:13؛ 1كور. 21:10.

**28:11** 2كور. 5:13.

يەتكۈزۈپ يەپ-ئىچىدۇ. [30] بۇ سەۋەبتىن ئاراڭلاردىكى نۇرغۇن ئادەملەر زەئىپلىشىپ كېسەل بولدى، ھەتتا خېلى بىر قىسمى ئۆلۈمدە ئۇخلاپ قالدى. [31] لېكىن ئەگەر ئۆز ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ ھۆكۈم چىقارغان بولساق، بېشىمىزغا رەببىنىڭ ھۆكۈم-جازاسى چۈشۈرۈلمەيدىغان بولىدۇ. [32] ئەمما گەرچە ئۆزىمىزگە رەب تەرىپىدىن ھۆكۈم-جازالار چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ بىزگە چۈشۈرگەن «تەربىيە جازاسى»دۇر؛ بۇنىڭدىن مەقسەت، بىزنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بىرلىكتە ھالاكەتكە ھۆكۈم قىلىنماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر. [33] شۇڭا، ئى قېرىنداشلار، رەببىنىڭ زىياپىتىدە يېيىشكە جەم بولغىنىڭلاردا، ھەممەيلەن تولۇق كەلگۈچە بىر-بىرىڭلارنى كۈتۈڭلار. [34] بىرسى ئاچ قورساق بولسا ئاۋۋال ئۆيىدە يەپ كەلسۇن؛ شۇنداق قىلىپ سىلەرنىڭ جەم بولۇشۇڭلار ئۆزۈڭلارغا ھۆكۈم-جازا يەتكۈزمەيدىغان بولىدۇ. قالغان باشقا مەسىلىلەرنى بولسا، مەن بارغىنىمدا تەرتىپكە سالىمەن.

## روھىي ئىلتىپاتلار

12 [1] ئەمما ئى قېرىنداشلار، روھىي ئىلتىپاتلارغا كەلسەك، سىلەرنىڭ ئۇلار توغرۇلۇق بىلمەي قېلىشىڭلارنى خالىماي

---

29:11 **«... رەببىنىڭ تېنىنى پەرق ئەتمەي تۇرۇپ يېگۈچى ۋە ئىچكۈچى ھەركىم ئۆزىگە ھۆكۈم-جازانى يەتكۈزۈپ يەپ-ئىچىدۇ»** — «رەببىنىڭ تېنىنى پەرق ئەتمەسلىك» دېگەنلىكىنىڭ بەلكىم ئىككى خىل تەرەپلىمىسى بولۇشى مۇمكىن: (1) ئۆزىنى «مەن رەببىنىڭ تېنىدىكى بىر ئەزا، باشقا قېرىنداشلارمۇ شۇنداق» دەپ بىلىپ يەتمەي، «رەببىنىڭ تېنى»دىكى قېرىنداشلارنى كۆزگە ئىلماسلىق (21-22-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ)؛ (2) «رەببىنىڭ زىياپىتى رەببىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن قۇربان قىلغان تېنىنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ بىلىپ يەتمەسلىك.

30:11 **«ھەتتا خېلى بىر قىسمى ئۆلۈمدە ئۇخلاپ قالدى»** — «ئۇخلاپ قالدى» دېگەن سۆز ئۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىنجىل بويىچە ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن ئۆلۈش پەقەت ۋاقىتلىق ئۇخلاش، خالاس.

**31:11** زەب. 5:32؛ پەند. 17:18.

مەن. [2] سىلەر تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا بولغان ۋاقتىڭلاردا ھەرخىل
يوللارغا باشلىنىپ، گاس-گاچا بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئازدۇرۇلۇپ
كەتكىنىڭلارنى بىلىسىلەر. [3] شۇڭا مەن سىلەرگە ئۇقتۇرىمەنكى،
ھېچكىم خۇدانىڭ روھىدا تۇرۇپ: «ئەيساغا لەنەت!» دېمەيدۇ ۋە
ھەرقانداق بىرى مۇقەددەس روھتا بولماي تۇرۇپ «ئەيسا رەبدۇر!»
دەپ ئېيتالمايدۇ. [4] ئەمما ئىلتىپاتلار خىلمۇخىل، لېكىن روھ
بولسا بىردۇر. [5] خىزمەتلەر بولسا ھەرخىل، ئەمما بىز خىزمىتىنى
قىلىدىغان رەب بىردۇر. [6] ئىشلەش يوللىرى ھەرخىل، ئەمما
ھەممەيلەندە ھەممە ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى خۇدا بىردۇر.
[7] ئەمما ھەممەيلەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەربىرىگە روھنىڭ نامايان
بولۇشى بېغىشلىنىدۇ. [8] چۈنكى روھ ئارقىلىق بىرىگە دانالىق
يەتكۈزگۈچى سۆز، يەنە بىرىگە شۇ ئوخشاش روھ ئارقىلىق خەۋەر
يەتكۈزگۈچى سۆز تەقسىم قىلىنىدۇ؛ [9] يەنە ئوخشاش روھ ئارقىلىق
باشقا بىرىگە ئالاھىدە ئىشەنچ، يەنە بىرىگە ئوخشاش روھ ئارقىلىق
كېسەللەرنى ساقايتىش ئىلتىپاتلىرى، [10] بىراۋغا مۆجىزىلەرنى
يارىتىش تەقسىم قىلىنىدۇ؛ بىراۋغا ۋەھىي-بېشارەت بېرىش؛
بىراۋغا ھەرخىل روھلارنى پەرق ئېتىش، بىراۋغا نامەلۇم تىللاردا
سۆزلەش، يەنە بىراۋغا نامەلۇم تىللارنى تەرجىمە قىلىش ئىلتىپاتى

---

1:12 **«روھىي ئىلتىپاتلارغا كەلسەك...»** ــ «روھىي ئىلتىپاتلار» دېگەنلەر مۇقەددەس روھ ئاتا قىلغان، مۇشۇ بابتا «تەبىئەتتىن تاشقىرى» مۆجىزىلىك قابىلىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**3:12** مار. 39:9؛ يـۇھ. 13:13؛ 1كور. 6:8.

4:12 **«ئەمما ئىلتىپاتلار خىلمۇخىل، لېكىن روھ بولسا بىردۇر»** ــ «روھ» دېگەن خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھ.

**4:12** رىم. 6:12؛ 1پېت. 10:4.

8:12 **«... روھ ئارقىلىق بىرىگە دانالىق يەتكۈزگۈچى سۆز، يەنە بىرىگە شۇ ئوخشاش روھ ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزگۈچى سۆز تەقسىم قىلىنىدۇ»** ــ بۇ ئىككى ئىلتىپات ۋە تۆۋەندىكى يەنە يەتتە «روھىي ئىلتىپات» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

9:12 **«كېسەللەرنى ساقايتىش ئىلتىپاتلىرى»** ــ گرېك تىلىدا «ساقايتىشلارنىڭ ئىلتىپاتلىرى» ــ دېمەك، مۇقەددەس روھنىڭ مۆجىزىلىك ساقايتىش يوللىرى بىرخىللا ئەمەس.

تەقسىم قىلىنىدۇ. [11] ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يۈرگۈزگۈچى
ئوخشاش شۇ بىر روھتۇر، ئۇ ھەربىرىگە ئۆزى لايىق كۆرۈپ، ئايرىم-
ئايرىم تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.
[12] چۈنكى ئىنسانىي تەن بىر بولسىمۇ نۇرغۇن ئەزالىرى بولغىنىدەك،
شۇنداقلا ئەزالىرى نۇرغۇن بولسىمۇ ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر تەن
بولغاندەك، مەسىھ ئۆزىمۇ ھەم شۇنداقتۇر. [13] چۈنكى ھەممىمىز،
مەيلى يەھۇدىيلار بولساقمۇ، گرېكلەر بولساقمۇ، قۇللار بولساقمۇ،
ھۆرلەر بولساقمۇ، بىر روھتا بىر تەنگە كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلدۇق
ۋە بىر روھتىن ئىچىشكە نېسىپ قىلىندۇق. [14] چۈنكى تەن بىرلا
ئەزادىن ئەمەس، بەلكى كۆپ ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ. [15] ئەگەر پۇت:
«مەن قول بولمىغىنىم ئۈچۈن مەن تەنگە تەۋە ئەمەسمەن» دېسىلا،
ئۇنداقتا ئۇ ھەقىقەتەن تەنگە تەۋە ئەمەس بولامدۇ؟ [16] قۇلاق: «مەن
كۆز ئەمەس، شۇڭا مەن تەنگە تەۋە ئەمەسمەن» دېسىلا، ئۇنداقتا ئۇ
ھەقىقەتەن تەنگە تەۋە ئەمەس بولامدۇ؟ [17] پۈتۈن تەن كۆزلا بولسا،
ئۇنداقتا ئاڭلاش سېزىمىمىز نەدىن بولىدۇ؟ پۈتۈن تەن قۇلاقلا بولسا،
ئۇنداقتا پۇراش سېزىمىمىز نەدىن بولىدۇ؟ [18] ھالبۇكى، خۇدا ئۆزىگە
لايىق كۆرگەن تەن ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىنى ئايرىم-ئايرىم ئۆز جايىغا
ئورۇنلاشتۇرغان؛ [19] ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەزا بولسا،
ئۇنداقتا ئۇنى قانداقمۇ تەن دېگىلى بولاتتى؟ [20] ئەمدىلىكتە ئەزالار
كۆپ، تەن بولسا بىردۇر. [21] كۆز قولغا: «مېنىڭ ساڭا ئېھتىياجىم
چۈشمەيدۇ!» دېيەلمەيدۇ؛ ياكى باش بولسا پۇتلارغا: «مېنىڭ
سىلەرگە ئېھتىياجىم چۈشمەيدۇ!» دېيەلمەيدۇ. [22] دەل ئەكسىچە،
تەندىكى ئاجىز-ئەرزىمەس دەپ كۆرۈنگەن ئەزالار كەم بولسا بولمايدۇ؛

---

**10:12** **«ۋەھىي-بېشارەت بېرىش»** ــ گرېك تىلىدا: «پەيغەمبەرلىك سۆز قىلىش». «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**11:12** رىم. 3:12، 6؛ 1كور. 7:7؛ 2كور. 13:10؛ ئەف. 7:4.

**12:12** رىم. 4:12، 5؛ ئەف. 16:4.

**13:12** گال. 28:3.

[23] ۋە ھەم تەندىكى بىز ئېتىۋارسىز دەپ ھېسابلىغان ئەزالارغا بولسا،
تېخىمۇ كۆپرەك ئېتىۋار قىلىمىز؛ شۇنداقلا ئىسكەتسىز دەپ قارالغان
ئەزالىرىمىز تېخىمۇ ئىسكەتلىك قىلىنىدۇ؛ [24] ئەسلىدە يارىشىملىق
بولغان ئەزالىرىمىزغا بولسا شۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما
خۇدا پۈتۈن تەننى شۇنداق بىرلەشتۈرگەنكى، ئۇ ئېتىۋارسىز دەپ
ھېسابلانغان ئەزالارغا تېخىمۇ كۆپ ئېتىۋار بېرىدۇ. [25] بۇنىڭدىن
مەقسەت تەندە ھېچ بۆلۈنۈشلەر بولماسلىقى، بەلكى بارلىق ئەزالار
ئۆزئارا ئوخشاش كۆيۈمچانلىقتا بولۇشى ئۈچۈندۇر. [26] بىر ئەزا جاپا-
دەرد تارتسا، بارلىق ئەزالار ئۇنىڭ بىلەن تەڭ جاپا-دەرد تارتىدۇ؛ بىر
ئەزاغا شەرەپ كەلسە، بارلىق ئەزالار ئۇنىڭ بىلەن تەڭ شادلىنىدۇ.
[27] ئەمدى سىلەر مەسىھنىڭ تېنىدۇرسىلەر، ھەربىرىڭلار ئۇنىڭ
ئايرىم-ئايرىم ئەزاسىدۇرسىلەر. [28] خۇدا جامائەتتە مۇشۇنداقلارنى
ئورۇنلاشتۇرغان: — ئاۋۋال روسۇللارنى، ئاندىن پەيغەمبەرلەرنى،
ئۈچىنچى بولۇپ تەلىم بەرگۈچىلەرنى؛ ئاندىن مۆجىزە
كۆرسەتكۈچىلەرنى، ئاندىن تۈرلۈك كېسەللەرنى ساقايتىش
ئىلتىپاتلىرىغا ئىگە بولغانلارنى، ياردەم بەرگۈچىلەرنى، يېتەكچىلىك
قىلغۇچىلارنى، ھەرخىل نامەلۇم تىللاردا سۆزلەيدىغانلارنى
تەيىنلەپ ئورۇنلاشتۇرغاندۇر. [29] ھەممەيلەن روسۇلمۇ؟ ھەممەيلەن
پەيغەمبەرمۇ؟ ھەممەيلەن تەلىم بەرگۈچىمۇ؟ ھەممەيلەن مۆجىزە
كۆرسەتكۈچىمۇ؟ [30] ھەممەيلەندە ساقايتىش ئىلتىپاتلىرى بارمۇ؟
ھەممەيلەن نامەلۇم تىللاردا سۆزلەمدۇ؟ ھەممەيلەن نامەلۇم تىللارنى

---

**27:12** رىم. 5:12؛ ئەف. 23:1؛ 12:4؛ 23:5؛ كول. 24:1.

28:12 **«ئاۋۋال روسۇللارنى، ئاندىن پەيغەمبەرلەر...»** — «تەۋرات دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر» ۋە «ئىنجىل دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ. **«نامەلۇم تىللار»** — «روھىي تىللار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ تىللارنى خۇدانىڭ روھى ئىنساننىڭ روھىغا تاپشۇرىدۇ؛ بەزى ۋاقىتلاردا بىز ئۇلارنى «كارامەت تىل»، «ناتونۇش تىل»، «غەيرىي تىل» دەپمۇ ئاتايمىز، چۈنكى بۇ تىل سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا چۈشىنىشلىك ئەمەس؛ «تەبىئەتتىن تاشقىرى» بولغان بۇ خىل تىلنى «دۇئا تىلى» دەپ تەرىپلىسەكمۇ بولىدۇ.

**28:12** ئەف. 20:2؛ 11:4.

تەرجىمە قىلالامدۇ؟ [31]ئەمما سىلەر چوڭراق ئىلتىپاتلارنى تەقەززا بولۇپ قوغلاشقىلار؛ ھالبۇكى، مەن ھازىر سىلەرگە ھەممىدىن ئەۋزەل بىر يولنى كۆرسىتىپ بېرەي.

## مېھىر-مۇھەببەت ھەممىدىن ئۈلۈغ

13 [1]مەن ئەگەردە بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر سۆزلەۋاتقان ھەرخىل تىللار ھەتتا پەرىشتىلەرنىڭ تىللىرى بىلەنمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بولساممۇ، بىراق مەن مېھىر-مۇھەببەتسىز بولسام، ئۇ چاغدا مەن پەقەت بىر «داڭ-داڭ» قىلىدىغان مىس داڭ، بىر «جاڭ-جاڭ» قىلىدىغان جاڭ بولۇپ قالىمەن، خالاس. [2]ئەگەر مەن پەيغەمبەرلىك قىلالىسام، بارلىق سىرلار، بارلىق بىلىملەرنى چۈشىنىپ بولغان بولساممۇ، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاغلارنى يۆتكىيەلىگۈدەك تولۇق ئىشەنچتە بولساممۇ، ئەمما مەندە مېھىر-مۇھەببەت بولمىسا، ئۇنداقتا مەن ھېچنەرسە بولمىغان بولىمەن. [3]ئەگەر بارلىق مال-مۈلكۈمنى سەدىقىگە ئاتاپ ھەم تېنىمنى خۇدانىڭ يولىدا قۇربانلىق سۈپىتىدە كۆيدۈرۈلۈشكە سۇنغان تەقدىردىمۇ، ئەمما مەندە يەنىلا مېھىر-مۇھەببەت بولمىسا، ئۇنداقتا مېنىڭ ھېچقانداق پايدام يوق بولغان بولىدۇ.

[4]مۇھەببەت سەۋر-تاقەتلىك بولۇش ھەم مېھرىبانلىقتۇر؛
مۇھەببەت ھەسەتخورلۇق قىلمايدۇ؛
مۇھەببەت ئۆزىنى ماختىمايدۇ،

---

1:13 «مەن ئەگەردە بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر سۆزلەۋاتقان ھەرخىل تىللار ھەتتا پەرىشتىلەرنىڭ تىللىرى بىلەنمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بولساممۇ...» ــ دېمەك، «شۇنداق ئىنتايىن كۈچلۈك روھىي ئىلتىپات مەندە بولسىمۇ...». بۇ ئايەتتىن يەنە شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەن ھەربىر «نامەلۇم تىل» ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تىلى ياكى پەرىشتىلەرنىڭ تىلىدۇر.

**2:13** مات. 7:22؛ 20:17؛ 21:21؛ مار. 23:11؛ لۇقا 6:17؛ رىم. 7:12.

تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ،
[5] نومۇسسىزلىق قىلمايدۇ،
ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يۈرمەيدۇ،
تېرىكتۈرۈلمەيدۇ،
كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ؛
[6] ھەققانىيسىزلىقتىن خۇشال بولمايدۇ،
بەلكى ئەمەلىيەتتىن، ھەقىقەتتىن خۇشال بولىدۇ؛
[7] ھەممە ئىشتا قورسىقى كەڭلىك قىلىدۇ، ھەممىگە يۈزلىنىپ خۇداغا
ئىشىنىدۇ، ھەممە ئىشقا ئۈمىد باغلايدۇ، ھەممىگە چىدايدۇ.
[8] مېھىر-مۇھەببەت ھەرگىز ئاخىرلاشمايدۇ. بېشارەتلەر بولسا،
كارغا كەلمەيدۇ: «نامەلۇم تىللار» بولسا، تۈگەيدۇ: مۆجىزىلىك
بىلىملەرمۇ كارغا كەلمەيدۇ. [9] چۈنكى بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز
قىسمەن، بېشارەت بېرىدىغانلىرىمىز قىسمەن؛ [10] لېكىن
مۇكەممەللىك كەلگەندە، قىسمەنلىك يوقىلىدۇ. [11] مەن كىچىكىمدە
بالىلارچە سۆزلىدىم، بالىلارچە ئويلىدىم، بالىلارچە ھېسابلىدىم؛
چوڭ بولغىنىمدا، مەن بالىلىقنى تاشلىدىم. [12] چۈنكى بىز ھازىر بىر
تۇتۇق دېرىزىدىن مۇجمەل ھالدا كۆرىمىز، لېكىن شۇ چاغدا يۈزمۇيۈز
كۆرىمىز: ھازىر مەن قىسمەن تونۇيمەن، شۇ چاغدا مەن خۇدا مېنى
تونۇپ كېلىۋاتقاندەك تونۇيمەن.
[13] ھازىر ئىشەنچ، ئۈمىد، مېھىر-مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەرسە
تۇرۇپتۇ؛ بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغىنى مېھىر-مۇھەببەتتۇر.

---

**4:13** پەند. 12:10؛ 1پېت. 8:4.

**5:13** 1كور. 24:10؛ فىل. 4:2.

**6:13** 2يۇھ. 4.

**7:13** **«ھەممە ئىشتا قورسىقى كەڭلىك قىلىدۇ...»** ــ ياكى «ھەممە ئىشنى ياپىدۇ...» ــ دېمەك، مۇمكىن بولسا باشقىلارنىڭ سەۋەنلىك-گۇناھلىرىنى چىتقا يايمايدۇ.

**12:13** 2كور. 18:3.

## «روھىي ئىلتىپاتلار»دىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك

14
[1] مېھىر-مۇھەببەتكە ئىنتىلىپ ئۇنى قوغلىشىڭلار ۋە ھەم
روھىي ئىلتىپاتلارغا، بولۇپمۇ بېشارەت بېرىشكە ئىنتىزار
بولۇڭلار. [2] چۈنكى نامەلۇم تىلدا سۆزلەيدىغان كىشى ئادەملەرگە
ئەمەس، بەلكى خۇداغا سۆزلەيدۇ؛ ئاڭلىغۇچىلاردىن ھېچكىم ئۇنى
چۈشەنمەيدۇ، ئەمما ئۇ روھتا سىرلىق ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ.
[3] لېكىن بېشارەت بېرىدىغان كىشى بولسا ئادەملەرنىڭ ئېتىقادىنى
قۇرۇشقا، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ۋە تەسەللى بېرىشكە سۆزلەيدۇ.
[4] نامەلۇم تىلدا سۆزلىگۈچى ئۆز روھىنى قۇرىدۇ؛ ئەمما بېشارەت
بەرگۈچى جامائەتنىڭ ئېتىقادىنى قۇرىدۇ. [5] ئەمدىلىكتە مەن
سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ نامەلۇم تىللاردا سۆزلىيەلىشىڭلارنى
ئۈمىد قىلىمەن، لېكىن بېشارەت بېرىشىڭلارنى تېخىمۇ ئۈمىد
قىلىمەن. نامەلۇم تىلدا سۆزلىگۈچى سۆزىنى تەرجىمە قىلمىسا،
جامائەتنىڭ ئېتىقاد قۇرۇلۇشىدا بېشارەت بەرگۈچى ئۇنىڭدىن
ئۇلۇغ بولىدۇ.
[6] قېرىنداشلار، مەن يېنىڭلارغا كېلىپ، نامەلۇم تىللاردىلا سۆزلىگىنىم
بىلەن مەلۇم ۋەھىي، بىلىم، بېشارەت ياكى تەلىمنى يەتكۈزمىسەم،
مەن سىلەرگە نېمە پايدا تەگكۈزىمەن؟ [7] ھەتتا ئاۋاز چىقىرالايدىغان
جانسىز نەرسىلەر، مەيلى نەي بولسۇن، چىلتار بولسۇن شۇنداق؛
ئۇلارنىڭ ئاھاڭلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقى بولمىسا، ئۇلاردا
چېلىنغان پەدە قانداقمۇ پەرق ئېتىلسۇن؟ [8] جەڭ كانىيىمۇ بەلگىلىك
بىر ئاھاڭدا چېلىنمىسا، كىم جەڭگە ھازىرلانسۇن؟ [9] شۇنىڭدەك

---

1:14 **«بېشارەت بېرىش»** — گرېك تىلدا «پەيغەمبەرلىك سۆز قىلىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «تەۋرات دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر» ۋە «ئىنجىل دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر» توغرۇلۇق قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

4:14 **«نامەلۇم تىلدا سۆزلىگۈچى ئۆز روھىنى قۇرىدۇ»** — گرېك تىلدا «نامەلۇم تىلدا سۆزلىگۈچى ئۆزىنى قۇرىدۇ». 14-ئايەتنى كۆرۈڭ.

6:14 **«مەلۇم ۋەھىي، بىلىم، بېشارەت ياكى تەلىم...»** — بۇلار چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن يەتكۈزۈلۈشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

سىلەر تىلدا ئېنىق چۈشىنەلىگۈدەك سۆز قىلمىساڭلار، نېمە
دېمەكچى بولغىنىڭلارنى كىم چۈشىنەلەيدۇ؟ سىلەر ھاۋاغا گەپ
قىلغاندەك بولىسىلەر. 10 جاھاندا، شۈبھىسىزكى، خىلمۇخىل تىل-
ئاۋازلار بار ۋە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەنىسىز ئەمەس؛ 11 ئەگەر
ئەمدى مەن مەلۇم ئاۋاز-تىلنىڭ مەنىسىنى بىلمىسەم، مەن
سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن يات ۋە ئۇ ماڭا نىسبەتەن يات بولىدۇ.
12 ئەھۋال سىلەردىمۇ شۇنداق. شۇڭا، سىلەر روھىي ئىلتىپاتلارغا
قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلگەنىكەنسىلەر، جامائەتنىڭ ئېتىقادىنى
قۇرىدىغان ئىلتىپاتلارغا باي بولۇشقا ئىنتىلىڭلار. 13 شۇڭا، نامەلۇم
تىلدا سۆزلەيدىغان كىشى سۆزلىگەنلىرىنى تەرجىمە قىلىپ
بېرەلەيدىغان بولسام دەپ دۇئا قىلسۇن. 14 چۈنكى نامەلۇم تىلدا دۇئا
قىلغىنىمدا، روھىم دۇئا قىلىدۇ، لېكىن ئەقىل-ئىدراكىمدىن بولسا
مېۋە چىقمايدۇ.
15 ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن بەزىدە روھىم بىلەن دۇئا
قىلىمەن، ھەم بەزىدە ئەقىل-ئىدراكىم بىلەنمۇ دۇئا قىلىمەن؛
مەن بەزىدە روھىم بىلەن مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن،
ھەم بەزىدە ئەقىل-ئىدراكىم بىلەنمۇ مەدھىيە ناخشىلىرىنى
ئېيتىمەن؛ 16 بولمىسا، پەقەت روھىڭ بىلەنلا مەدھىيە ئوقۇساڭ،
ئىشلەتكەن تىلىڭنى بىلمىگەنلەرنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغۇچى
تەشەككۇرۇڭگە قانداقمۇ «ئامىن» دېيەلىسۇن؟ چۈنكى ئۇ
ئېيتقىنىڭنى چۈشەنمەيدۇ. 17 سەن دەرھەقىقەت تەشەككۇرنى ياخشى
ئېيتىسەن، ئەمما يېنىڭدىكى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېتىقادى قۇرۇلغىنى
يوق. 18 مەن بۇنداق نامەلۇم تىللاردا شەخسەن ھەممىڭلاردىن كۆپ
سۆزلەيدىغانلىقىم ئۈچۈن خۇداغا تەشەككۇر ئېيتىمەن؛ 19 ھالبۇكى،
جامائەتتە بولغاندا، نامەلۇم تىلدا تۈمەن ئېغىز سۆزلىگىنىمدىن
كۆرە، باشقىلارغا تەلىم-تەربىيە بېرەلىگۈدەك چۈشىنىشلىك

**15:14** ئەف. 19:5؛ كول. 16:3.

سۆزدىن بەش ئېغىزلا سۆزلىيەلىسەم دەيمەن. [20] قېرىنداشلار، ئەقىل-
ھوشۇڭلاردا بالا بولماڭلار؛ يامانلىق جەھەتتە بوۋاق بولۇڭلار، ئەمما
ئەقىل-ھوشۇڭلاردا پىشقەدەم بولۇڭلار.
[21] تەۋراتتا: «چەت تىللىقلارنىڭ سۆزى ۋە يات ئادەملەرنىڭ لەۋلىرى
ئارقىلىق مەن مۇشۇ خەلققە گەپ قىلىمەن؛ لېكىن شۇنداق
بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ماڭا قۇلاق سالمايدۇ ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار» دەپ
پۈتۈلگەندۇر. [22] شۇڭا «نامەلۇم تىللار» بولسا بىر ئالامەت بەلگىدۇر؛
ئېتىقادچىلارغا ئەمەس، بەلكى ئېتىقادسىزلارغا ئالامەت بەلگىدۇر؛
ۋەھىي-بېشارەتلەر بولسا، ئېتىقادسىزلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى
ئېتىقادچىلار ئۈچۈن بولىدۇ. [23] شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل جامائەت
بىر يەردە جەم بولغاندا، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا بۇنداق نامەلۇم
تىللاردا سۆزلەۋەرسە ۋە ساددا ياكى ئېتىقادسىز كىشىلەر كىرىپ
قالسا، ئۇلار ھەممىڭلارنى ساراڭ بولۇپ قاپسىلەر دېيىشمەمدۇ؟
[24] ئەمما ھەممىڭلار ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزسەڭلار، ئېتىقادسىز
ياكى ساددا كىشى ئاراڭلارغا كىرىپ قالسا، ھەممىڭلار تەرىپىدىن
ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا تەنبىھ بېرىلىدۇ، ھەممىڭلار تەرىپىدىن
ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ؛ [25] قەلبىدىكى سىرلار
ئاشكارە قىلىنغاندا، ئۇ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ: ــ «خۇدا ھەقىقەتەن
ئاراڭلاردىدۇر» دەپ خۇداغا سەجدە قىلىدۇ.

---

**19:14 «باشقىلارغا تەلىم-تەربىيە بېرەلىگۈدەك چۈشىنىشلىك سۆزدىن...»** ــ گرېك تىلىدا «باشقىلارغا تەلىم-تەربىيە بېرەلىگۈدەك زېھنىم بىلەن (سۆزلىنىدىغان) سۆزدىن...» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

**20:14** مات. 3:18؛ 14:19؛ ئەف. 14:4؛ 1پېت. 1:2، 2.

**21:14 «چەت تىللىقلارنىڭ سۆزى ۋە يات ئادەملەرنىڭ لەۋلىرى ئارقىلىق مەن مۇشۇ خەلققە گەپ قىلىمەن؛ لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ماڭا قۇلاق سالمايدۇ ــــ دەيدۇ پەرۋەردىگار»** ــ «يەش.» 28:11-12.

**21:14** قان. 49:28؛ يەش. 28:11-12.

**24:14 «ھەممىڭلار ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزسەڭلار...»** ــ «نامەلۇم تىللار» ۋە «ۋەھىي-بېشارەتلەر»نىڭ «ئالامەت بەلگە» بولۇشى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

## جامائەت ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر

[26] ئەمدى قېرىنداشلار، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ سىلەر بىر يەرگە جەم بولغىنىڭلاردا، ھەربىرىڭلاردا بىر ئىلتىپات بولىدۇ؛ بىرسىدە مەدھىيە ناخشىسى، بىرسىدە تەلىم، بىرسىدە نامەلۇم تىل، بىرسىدە ۋەھىي، بىرسىدە نامەلۇم تىلنىڭ يېشىمى بولىدۇ. ھەممە ئىشلار ئېتىقادنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بولسۇن. [27] نامەلۇم تىلدا سۆزلىگۈچىلەر بولۇپ قالسا، ئىككىسى ياكى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچى نۆۋەت بىلەن سۆزلىسۇن ۋە بىرسى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۆرىسۇن. [28] ئەمما جامائەتتە ئۆرىگۈچى بولمىسا، ئۇ سۈكۈت قىلسۇن؛ ئۆز-ئۆزىگە ۋە خۇداغا ئېيتسۇن. [29] ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزگۈچىلەر بولسا، ئىككى-ئۈچى سۆزلىسۇن؛ قالغانلار گەپلىرىنىڭ ۋەزنىنى دىتلاپ تۇرسۇن؛ [30] ئەمما ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن باشقا بىر كىشىگە مەلۇم بىر ۋەھىي بېرىلسە، سۆزلەۋاتقان كىشى سۆزىنى توختىتىپ نۆۋەتنى ئۇنىڭغا بەرسۇن. [31] چۈنكى ھەممىڭلار بىر-بىرلەپ ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزسەڭلار بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئۆگىنىدۇ، ھەممەيلەن رىغبەتلىنىدۇ. [32] پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز روھلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. [33] چۈنكى خۇدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى تىنچ-خاتىرجەملىك بەرگۈچىدۇر. بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ جامائەتلىرىدە شۇنداق تەرتىپ بار.

[34] ئاراڭلاردىكى ئاياللار جامائەتلەردە سۈكۈتتە ئولتۇرسۇن؛ ئۇلارنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغان؛ تەۋرات قانۇنىدا

---

32:14 «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز روھلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ» — بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر سۆز. دېمەك، مۇقەددەس روھ ھەرقانداق روھىي ئىلتىپاتلارنى يەتكۈزگەندە، ئۇ ھەرگىز ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلغۇچى كىشىنى ئۇنى دەرھال بىئىختىيار ھالدا ئىپادىلەشكە مەجبۇرلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزىدىغان كىشىلەر بىر-بىرىنى كۈتۈپ نۆۋەت بىلەن سۆزلىسە بولىدۇ.

بەلگىلەنگەندەك، ئۇلار تەرتىپكە بويسۇنسۇن. [35] ئەمما ئۇلار مەلۇم
ئىشنى بىلمەكچى بولسا، ئۆيدە ئۆز ئەرلىرىدىن سورىسۇن؛ ئاياللىڭ
جامائەتتە سۆزلىشى ئۇياتلىق ئىشتۇر.
[36] خۇدانىڭ سۆز-كالامى سىلەردىن باشلانغانمۇ؟! ياكى يالغۇز
سىلەرگىلا يېتىپ كەلگەنمۇ؟! [37] بىرسى ئۆزىنى ۋەھيي-بېشارەتچى
ياكى روھىي كىشى دەپ سانىسا، ئۇ سىلەرگە هازىر يازغان بۇ
سۆزۈمنىڭ هەقىقەتەن رەبنىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ
قىلسۇن. [38] بىرسى بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىسا، ئۇ ئېتىراپ
قىلىنمايدۇ. [39] شۇنىڭ ئۈچۈن، ئى قېرىنداشلار، ۋەھيي-بېشارەتلەرنى
يەتكۈزۈشكە تەلمۈرۈپ ئىنتىلىڭلار، شۇنداقلا نامەلۇم تىللاردا
سۆزلەشنى چەكلىمەڭلار.
[40] خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، هەربىر ئىش چىرايلىق، تەرتىپلىك
قىلىنسۇن.

## تىرىلىش

15 [1] ئەمما، ئى قېرىنداشلار، مەن سىلەرگە ئەسلىدە يەتكۈزگەن
خۇش خەۋەرنى بايان قىلماقچىمەن؛ سىلەر بۇ خۇش خەۋەرنى
قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋاتىسىلەر؛ [2] مەن سىلەرگە

---

34:14 **«ئاراڭلاردىكى ئاياللار جامائەتلەردە سۈكۈتتە ئولتۇرسۇن؛ ئۇلارنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغان؛ تەۋرات قانۇنىدا بەلگىلەنگەندەك، ئۇلار تەرتىپكە بويسۇنسۇن»** — بۇ يولىيورۇق قىز-ئاياللار پۈتۈنلەي سۈكۈت قىلىشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس؛ چۈنكى يۇقىرىدا (11-2:11) ئۇ قىز-ئاياللارنىڭ جامائەتتە دۇئا قىلىشى ۋە ۋەھيي-بېشارەت يەتكۈزۈشىدىكى بەلگىلىمىلەر توغرۇلۇق ئېيتىپ بەردى. «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.
**34:14** يار. 16:3؛ ئەف. 22:5؛ كول. 18:3؛ 1تىم. 12:2؛ تىت. 5:2؛ 1پېت. 1:3.
35:14 **«ئەمما ئۇلار ئاياللار مەلۇم ئىشنى بىلمەكچى بولسا، ئۆيدە ئۆز ئەرلىرىدىن سورىسۇن؛ ئاياللىڭ جامائەتتە سۆزلىشى ئۇياتلىق ئىشتۇر»** — 34-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. مەنىسى بەلكىم: «جامائەتتىكى تەرتىپنى بۇزۇپ سۆزلەش ئاياللارغا ياراشمايدۇ» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن.
38:14 **«بىرسى بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىسا، ئۇ ئېتىراپ قىلىنمايدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىرسى بۇنى بىلىپ يېتىشنى خالىمىسا، ئۇ بىلىمسىز قالسۇن».

**يەتكۈزگەن خۇش خەۋەر بولغان كالامدا چىڭ تۇرغان بولساڭلار، ــ**
**(ئىشەنگىنىڭلار بىكارغا كەتمىگەن بولسا) ــ سىلەر ئۇنىڭ ئارقىلىق**
**قۇتقۇزۇلۇۋاتىسىلەر.**
**3 چۈنكى مەن ئۆزۈمگە ئامانەت قىلىنغانلىرىنى ئەڭ زۆرۈر ئىش**
**سۈپىتىدە سىلەرگىمۇ تاپشۇردۇم؛ يەنى، تەۋرات-زەبۇردا ئالدىن**
**ئېيتىلغىنىدەك، مەسىھ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلدى؛ 4 ئۇ**
**دەپنە قىلىندى؛ ۋە ئۈچىنچى كۈنى يەنە تەۋرات-زەبۇردە ئالدىن**
**ئېيتىلغىنىدەك تىرىلدۈرۈلدى؛ 5 ئۇ كېفاسقا، ئاندىن ئون**
**ئىككىيلەنگە كۆرۈندى؛ 6 ئاندىن ئۇ بىر سورۇندا بەش يۈزدىن**
**ئارتۇق قېرىنداشقا كۆرۈندى؛ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنكى كۈندە**
**تىرىك، ئەمما بەزىلىرى ئۆلۈمدە ئۇخلاۋاتىدۇ؛ 7 ئۇ ياقۇپقا، ئاندىن**
**روسۇللارنىڭ ھەممىسىگە كۆرۈندى؛ 8 ھەممىسىدىن كېيىن ئۇ خۇددى**
**ۋاقىتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك بولغان ماڭىمۇ كۆرۈندى. 9 چۈنكى**

---

2:15 **«ئىشەنگىنىڭلار بىكارغا كەتمىگەن بولسا...»** ــ ئادەمنىڭ خۇش خەۋەرگە ئىشىنىشى «بىكارغا كېتىش»ىمۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇ بابتا بىر مىسال كۆرسىتىلىدۇ؛ بىرسى خۇش خەۋەرنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا (بۇ نۇقتا ئۇنىڭغا ياقمىغان، ياكى ئۇ ئۇنى ئۆگىنىشنى خالىمىغان بولسا)، ئۇنداقتا بۇ خۇش خەۋەرنى ئىنكار قىلغانغا باراۋەر؛ دېمەك، شۇ ئىشەنگۈچى ئادەم، گەرچە «ئىشەنگەن بولسىمۇ»، تولۇق ئىشەنمىگەچكە، ئىشىنىش يولى بىكارغا كېتىدۇ. شۇڭا ئاخىردا ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ.

**2:15** رىم. 16:1؛ 1كور. 21:1.

**3:15** يەش. 7:53؛ دان. 24:9، 26؛ 1كور. 7:5؛ 1پېت. 24:2.

**4:15** زەب. 10:16؛ يەش. 8:53، 9؛ يۈن. 1:2؛ مات. 40:12

5:15 **«كېفاس»** ــ يەنى روسۇل بولغان سىمون پېترۇس. **«ئون ئىككىيلەنگە»** ــ ئون ئىككى روسۇلغا كۆرۈنگەن، دېمەكچى. «ئون ئىككىيلەن» بەلكىم ماتتىياني ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن («روس.» 26:1).

**5:15** لۇقا 34:24؛ يۇھ. 19:20؛ روس. 41:10.

7:15 **«ئۇ ياقۇپقا ... كۆرۈندى»** ــ ياقۇپ مەسىھ ئەيسانىڭ چوڭ ئىنىسى، كېيىن ئۇ روسۇل بولغان. ئىنجىل «يۇھ.» 7:5نى كۆرۈڭ).

8:15 **«خۇددى ۋاقىتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك بولغان ماڭا...»** ــ « ۋاقىتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك بولغان مەن...» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

**8:15** روس. 3:9، 17؛ 11:23؛ 1كور. 1:9؛ 2كور. 2:12.

مەن روسۇللار ئارىسىدىكى ئەڭ تۆۋىنىمەن، روسۇل دەپ ئاتىلىشقا
لايىق ئەمەسمەن؛ چۈنكى مەن خۇدانىڭ جامائىتىگە زىيانكەشلىك
قىلغانمەن. [10] لېكىن ھازىر نېمىلا بولسام خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى
ئارقىلىق بولدۇم؛ ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن شۇ مېھىر-شەپقىتى بىكارغا
كەتمىدى؛ چۈنكى مەن خۇدانىڭ خىزمىتىدە بارلىق روسۇللاردىن
بەكرەك جاپالىق ئىشلىگەنمەن؛ ئەمەلىيەتتە ئىشلىگۈچى مەن
ئەمەس، بەلكى مەن بىلەن بىللە بولغان خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىد
ۇر. [11] دېمەك، مەيلى مەن ياكى باشقا روسۇللار بولسۇن، ھەممىمىزنىڭ
يەتكۈزگەنلىرى ئوخشاش بولۇپ، ئۇ دەل سىلەر ئىشىنىپ قوبۇل
قىلغان خۇش خەۋەردۇر.
[12] ئەمما مەسىھ ئۆلگەنلەر ئىچىدىن تىرىلدۈرۈلگەن دەپ جاكارلانغان
بولسا، قانداقمۇ ئاراڭلاردىكى بەزىلەر ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى دېگەن
يوق ئىش، دەيدۇ؟ [13] ئەمما ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى دېگەن يوق ئىش
بولسا، مەسىھنىڭ تىرىلىشىمۇ يوق ئىش بولغان بولاتتى. [14] شۇنىڭدەك
ئەگەر مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن بولمىسا، جاكارلىغان خەۋىرىمىز
بىھۇدە بولغان، سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارمۇ بىھۇدە بولغان بولاتتى.
[15] ھەتتا بىزمۇ خۇدا توغرىسىدىكى يالغان گۇۋاھچىلار بولغان بولاتتۇق
– چۈنكى بىز خۇدانىڭ مەسىھنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەنلىكىگە
گۇۋاھلىق بەردۇق. ئەگەر ھەقىقەتەن ئۆلۈمدىن تىرىلىش بولمىسا، خۇدا
مەسىھنىمۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرمىگەن بولاتتى. [16] چۈنكى ئۆلگەنلەر
قايتا تىرىلدۈرۈلمىسە، مەسىھمۇ تىرىلمىگەن بولاتتى. [17] مۇبادا مەسىھ
تىرىلمىگەن بولسا، ئېتىقادىڭلار كېرەكسىز بولغان، سىلەر تېخىچە
گۇناھلىرىڭلاردا يۈرۈۋاتقان بولاتتىڭلار، [18] شۇنداقلا مەسىھتە ئۆلۈمدە
ئۇخلاۋاتقانلارمۇ ھالاكەتكە يۈز تۇتقان بولاتتى. [19] ئەگەر ئۈمىدىمىزنى
پەقەت بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىز ئۈچۈنلا مەسىھكە باغلىغان بولساق،

**9:15** ئەف. 3:8؛ روس. 8:3؛ 9:1؛ 22:4؛ 26:9؛ گال. 1:13؛ 1تىم. 1:13.
**10:15** 2كور. 11:23؛ 12:11.

بىز ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ بىچارە ئادەملەردىن بولغان بولىمىز.
[20] ئەمما ئەمەلىيەتتە، مەسىھ ئۆلۈمدە ئۇخلىغانلار ئىچىدە
«ھوسۇلنىڭ تۇنجى مېۋىسى» بولۇپ، ئۆلۈمدىن تىرىلگەندۇر؛
[21] چۈنكى بىر ئىنسان ئارقىلىق ئۆلۈم ئالەمدە پەيدا بولغىنىدەك،
ئۆلۈمدىن تىرىلىشمۇ بىر ئىنسان ئارقىلىق ئالەمدە پەيدا بولدى.
[22] ئادەمئاتىمىزدىن بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن
ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغانلىقىغا ئوخشاش، مەسىھدە بولغانلارنىڭ
ھەممىسى ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن ئۆلۈمدىن ھاياتقا ئېرىشىدۇ. [23] ئەمما
ھەممەيلەن ئۆز نۆۋەت-قاتارىدا تىرىلىدۇ؛ تۇنجى ھوسۇلنىڭ
مېۋىسى بولغان مەسىھ بىرىنچى؛ ئىككىنچىلەر بولسا مەسىھنىڭ
دۇنياغا قايتىپ كەلگىنىدە ئۆزىگە تەۋە بولغانلار. [24] ئاندىن ئاخىرەت
بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ بارلىق ھۆكۈمرانلىقنى، بارلىق ھوقۇق ۋە
ھەرخىل كۈچلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پادىشاھلىقنى خۇدا-
ئاتىغا تاپشۇرىدۇ. [25] چۈنكى ئۇ بارلىق دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ
ئايىغى ئاستىدا قىلغۇچە ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەكتۇر؛ [26] ئەڭ ئاخىرقى
يوقىتىلىدىغان دۈشمەن بولسا ئۆلۈم ئۆزىدۇر. [27] چۈنكى زەبۇردا «خۇدا
پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا بويسۇندۇرغان» دەپ

---

19:15 **«ئۈمىدىمىزنى پەقەت بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىز ئۈچۈنلا مەسىھكە باغلىغان بولساق...»** — ياكى «ئۈمىدىمىزنى پەقەت بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىلا مەسىھكە باغلىغان بولساق...».

20:15 **«ھوسۇلنىڭ تۇنجى مېۋىسى»** — ئالدىن پىشقان مېۋە يىغىۋېلىنغاندىن كېيىنمۇ، باشقا مېۋىلەرنىڭ چوقۇم پىشىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنغىنىدەك، مەسىھنىڭ تىرىلىشى ئىمان-ئىشەنچتە بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭمۇ ھەققانىيلىقتا قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. تەۋرات بويىچە «ھوسۇلنىڭ تۇنجى مېۋىسى» خۇداغا ئالاھىدە ئاتىلاتتى (بېغىشلىناتتى) («لاۋ.» 23-باب، «قان.» 4:18).

**20:15** كول. 18:1؛ 1پېت. 3:1؛ ۋەھ. 5:1.

**21:15** يار. 17:2؛ 6:3؛ رىم. 12:5، 18؛ 23:6.

24:15 **«ئاندىن ئاخىرەت بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ بارلىق ھۆكۈمرانلىقنى، بارلىق ھوقۇق ۋە ھەرخىل كۈچلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پادىشاھلىقنى خۇدا-ئاتىغا تاپشۇرىدۇ»** — بۇ مۇھىم ئايەت ۋە تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**25:15** زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ ئەف. 20:1؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 13:1؛ 12:10.

پۇتتۇۋكلۇكتۇر. ئەمما «پۇتكۇل مەۋجۇدات ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغان»
دېيىلگىنىدە، روشەنكى، شۇ «پۇتكۇل» دېگەن سۆز «ھەممىنى
ئۇنىڭغا بويسۇندۇرغۇزغۇچى»نىڭ ئۆزىنى ئىچىگە ئالغان ئەمەستۇر.
28 ئەمما ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇل ھەممىنى
ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچىغا بويسۇنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن خۇدا ھەممىنىڭ
ھەممىسى بولىدۇ. 29 ئۆلۈمدىن تىرىلىش بولمىسا، بەزىلەرنىڭ
ئۆلگەنلەر ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟
ئۆلگەنلەر زادى تىرىلمىسە، كىشىلەر ئۇلار ئۈچۈن نېمە دەپ چۆمۈلدۈ
رۈلىدۇ؟ 30 بىزلەر نېمە دەپ ھەر كۈنى ھەر سائەتتە خەۋپ-خەتەرگە دۇچ
كېلىپ يۈرىمىز؟ 31 رەببىمىز مەسىھ ئەيسادا سىلەردىن پەخىرلىنىشىم
راست بولغاندەك، ئى قېرىنداشلىرىم، مەن ھەركۈنى ئۆلۈمگە دۇچ كېل
ىمەن. 32 ئەگەر ئىنسانلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېيتقاندا «ئەفەسۇس
شەھىرىدە ۋەھشىي ھايۋانلار بىلەن ئېلىشتىم» دېسەم، ئۆلگەنلەر
ئۆلۈمدىن تىرىلمىسە، بۇنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟ «ئەتە بەرىبىر
ئۆلۈپ كېتىدىغان بولغاندىن كېيىن، يەپ-ئىچىپ يۈرۈۋالايلى» دېگەن

27:15 **«چۈنكى زەبۇردا «خۇدا پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا بويسۇندۇرغان» دەپ پۈتۈلگەن»** — «زەب.» 6:8.

**27:15** زەب. 6:8؛ مات. 27:11؛ 18:28؛ ئەف. 22:1؛ ئىبر. 8:2.

29:15 **«كىشىلەر ...ئۆلگەنلەر ئۈچۈن نېمە دەپ چۆمۈلدۈرۈلىدۇ؟»** — چۈشىنىش قىيىن بولغان بۇ ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

31:15 **«مەن ھەركۈنى ئۆلۈمگە دۇچ كېلىمەن»** — گرېك تىلىدا «مەن ھەركۈنى ئۆلىمەن» —تولۇق ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى: «مەن ھەركۈنى ئۆلۈمگە دۇچ كېلىۋاتىمەن. بۇ راست! قېرىنداشلار، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردا (شۇنداق كۆپ ئىشلارنى) قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگىنىمنىڭ راستلىقىغا ئوخشاش، بۇ سۆزۈمنىڭمۇ ھەرگىز يالغان يېرى يوقتۇر».

سۆز يوللۇق بولمامتى؟ [33] ئالدانماڭلار؛ چۈنكى «يامان ھەمراھلار
ئەخلاقنى بۇزىدۇ». [34] ھەققانىي بولۇش ئۈچۈن ئويغىنىڭلار، گۇناھتىن
قول ئۈزۈڭلار؛ چۈنكى بەزىلىرىڭلاردا خۇدا توغرۇلۇق خەۋەر يوقتۇر ــ بۇنى
ئېيتسام سىلەر ئۈچۈن ئۇيات ئەمەسمۇ؟
[35] بەلكىم بىرسى: «ئۆلۈكلەر قانداق تىرىلدۇرىلەر؟ ئۇلار قانداق تەن
بىلەن تىرىلەر؟» ــ دەپ سورىشى مۇمكىن. [36] ئى ئەخمەق كىشى، سېنىڭ
تېرىغىنىڭ، ئۆلمەي تۇرۇپ قايتىدىن تىرىلمەيدۇ. [37] ھەم سېنىڭ
تېرىغىنىڭ، ئۆسۈملۈكنىڭ تېنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يالىڭاچ دېنى
ــ مەسىلەن، بۇغداينىڭ ياكى باشقا بىرەر زىرائەتنىڭ دېنى، خالاس.
[38] ۋە كېيىن خۇدا ئۆز خاھىشى بويىچە ئۇنىڭغا مەلۇم بىر تەننى بېرىدۇ؛
شۇنداقلا ئۇرۇق دانلىرىنىڭ ھەربىرىگە ئۆزىنىڭ تېنىنى ئاتا قىلىدۇ.
[39] جانىۋارلارنىڭ ئەتلىرى بولسا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ
ئۆزىگە خاس ئەتلىرى بار، ھايۋانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەتلىرى بار،
ئۇچار-قاناتلارنىڭمۇ بار، بېلىقلارنىڭمۇ بار. [40] ئاسماندا جىسىملار بار،
يەر يۈزىدىمۇ جىسىملار بار؛ ئەمما ئاسماندىكىسىنىڭ جۇلا-شەرىپى
باشقىچە، يەر يۈزىدىكىسىنىڭمۇ باشقىچە بولىدۇ؛ [41] قۇياشنىڭ شان-
شەرىپى بىر خىل، ئاينىڭ شەرىپى يەنە بىر خىل، يۇلتۇزلارنىڭ شان-
شەرىپى يەنە بىر خىلدۇر؛ چۈنكى يۇلتۇزلار شان-شەرەپلىرىدە بىر-
بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. [42] ئۆلۈمدىن تىرىلىش ھەم شۇنداقتۇر. تەن چىرىش

---

32:15 **««ئەفەسۇس شەھرىدە ۋەھشىي ھايۋانلار بىلەن ئېلىشتىم» دېسەم...»** ــ پاۋلۇس ئەفەسۇس شەھرىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزگەندە، بەزى ئادەملەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ۋەھشىي ھايۋانلاردەك ھۇجۇم قىلغان بولۇشى مۇمكىن. **«ئەتە بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىدىغان بولغاندىن كېيىن، يەپ-ئىچىپ يۇرۇۋالايلى»** ــ «يەش.» 13:22.

**32:15** يەش. 13:22؛ 12:56.

33:15 **«يامان ھەمراھلار ئەخلاقنى بۇزىدۇ»** ــ بۇ سۆزلەر گرېك شائىرى مەناندەرنىڭكىدىن ئېلىنغان.

**35:15** ئەز. 3:37.

36:15 **«... قايتىدىن تىرىلمەيدۇ»** ــ گرېك تىلىدا «... جانلاندۇرۇلمايدۇ».

**36:15** يۇھ. 24:12.

هالىتىدە تېرىلىدۇ، چىرىماس هالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ؛ [43] ئۇۋىياتلىق
هالەتتە تېرىلىدۇ، شان-شەرەپ بىلەن تىرىلدۈرۈلىدۇ؛ ئاجىز
هالەتتە تېرىلىدۇ، ئەمما كۈچ-قۇدرەت بىلەن تىرىلدۈرۈلىدۇ. [44] ئۇ
تەبىئەتكە تەۋە بىر تەن سۈپىتىدە تېرىلىدۇ؛ روھقا تەۋە بىر تەن
بولۇپ تىرىلدۈرۈلىدۇ؛ ئەسلىدە تەبىئەتكە تەۋە بىر «جانلىق» تەن
بولغان بولسا، ئەمدى روھىي بىر تەن بولىدۇ. [45] شۇڭا تەۋراتتا مۇنداق
پۈتۈلگەنكى: «تۇنجى ئىنسان ئادەمئاتىمىز تىرىك بىر جان قىلىپ
يارىتىلدى»؛ ئەمما «ئاخىرقى ئادەمئاتا» بولسا هاياتلىق بەرگۈچى
روھ بولدى. [46] ئەمما ئاۋۋال كەلگىنى روھىي ئادەم ئەمەس، بەلكى
«تەبىئەتكە تەۋە بولغۇچى» ئادەم ئىدى، كېيىن «روھىي ئادەم» كەلدى.
[47] دەسلەپكى ئىنسان بولسا يەردىن، تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلىنغان؛
ئىككىنچى ئىنسان بولسا ئاسماندىن كەلگەندۇر؛ [48] تۇپراقتىن

---

42:15 **«قۇياشنىڭ شان-شەرىپى بىر خىل، ئاينىڭ شەرىپى يەنە بىر خىل، يۇلتۇزلارنىڭ شان-شەرىپى يەنە بىر خىلدۇر؛ چۈنكى يۇلتۇزلار شان-شەرەپلىرىدە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ 14-ئايەت. ئۆلۈمدىن تىرىلىش هەم شۇنداقتۇر»** ــ دېمەك، تىرىلدۈرۈلگەندىن كېيىنكى تېنىمىز ئۆلگەندىن كېيىنكى تېنىمىزگە ئوخشىمايدۇ.

**42:15** دان. 3:12؛ مات. 43:13.

**44:15 «تەبىئەتكە تەۋە بىر تەن سۈپىتىدە»** ــ گرېك تىلىدا «جانغا تەۋە بىر تەن سۈپىتىدە» ياكى «جانلىق بىر تەن سۈپىتىدە» دېيىلىدۇ؛ «جان» مۇشۇ يەردە ئىنسانىنىڭ زېهنى، ئوي-پىكىرلىرى ۋە هېسسىياتلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

45:15 **«تۇنجى ئىنسان ئادەمئاتىمىز تىرىك بىر جان قىلىپ يارىتىلدى»** ــ «يار.» 7:2. **«ئەمما «ئاخىرقى ئادەمئاتا» بولسا هاياتلىق بەرگۈچى روھ بولدى»** ــ «ئاخىرقى ئادەمئاتا» مەسىهنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**45:15** يار. 7:2.

**46:15 «تەبىئەتكە تەۋە بولغۇچى»** ــ گرېك تىلىدا «جانغا تەۋە بولغۇچى». 44-ئايەتتىكى ئىزاهاتنى كۆرۈڭ. **«تەبىئەتكە تەۋە بولغۇچى» ئادەم ئىدى، كېيىن «روھىي ئادەم» كەلدى»** ــ (گرېك تىلىدا: ««جانغا تەۋە بولغۇچى» ئاۋۋال كەلگەن، كېيىن «روھقا تەۋە بولغۇچى» كەلگەن») ــ بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

47:15 **«دەسلەپكى ئىنسان بولسا يەردىن، تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلىنغان»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بار بولسا كېرەك، ئىبرانىي تىلىدا «ئادەم» دېگەن سۆز «تۇپراق»، «توپا»

ئاپىرىدە قىلىنغىنى قانداق بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن بولغان «تۇپراقلىق»لارمۇ شۇنداق بولىدۇ؛ ئاسماندىن كەلگىنى قانداق بولسا، ئۇنىڭدىن بولغان «ئاسمانلىقلار»مۇ شۇنداق بولىدۇ. [49] بىزلەر «تۇپراقلىق ئادەم» سۈرىتىدە بولغىنىمىزدەك، «ئاسمانلىق ئادەم» سۈرىتىدىمۇ بولالايمىز. [50] ئەمما شۇنى ئېيتىمەنكى، ئى قېرىنداشلار، ئەت ۋە قاندىن تۈرەلگەنلەر خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ؛ چىرىگۈچى چىرىمايدىغانغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ.
[51] مانا، مەن سىلەرگە بىر سىرنى ئېيتىپ بېرىمەن؛ بىز ھەممىمىزلا ئۆلۈمدە ئۇخلايدىغانلاردىن بولمايمىز؛ بىراق ھەممىمىز ئۆزگەرتىلىمىز! [52] بىر دەقىقىدىلا، كۆزنى بىر يۇمۇپ ئاچقۇچە، ئەڭ ئاخىرقى كاناي چېلىنغاندا ئۆزگەرتىلىمىز؛ چۈنكى كاناي چېلىنىسىلا ئۆلگەنلەر چىرىماس ھاياتقا تىرىلدۈرۈلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزگەرتىلىمىز؛ [53] چۈنكى بۇ چىرىپ كەتكۈچى چىرىماس ھاياتنى كىيىۋېلىشى، بۇ ئۆلگۈچى ئۆلمەسلىكنى كىيىۋېلىشى كېرەك؛

---

دېگەننى بىلدۈرىدۇ («يار.» 7:2نى كۆرۈڭ).

**49:15 «بىزلەر «تۇپراقلىق ئادەم» سۈرىتىدە بولغىنىمىزدەك، «ئاسمانلىق ئادەم» سۈرىتىدىمۇ بولالايمىز»** — بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە: «بىزلەر «تۇپراقلىق ئادەم» سۈرىتىدە بولغىنىمىزدەك، «ئاسمانلىق ئادەم» سۈرىتىدىمۇ بولايلى» دېيىلىدۇ.

**49:15** يار. 26:1؛ 2كور. 11:4.

**50:15 «... چىرىگۈچى چىرىمايدىغانغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ»** — بۇ چىرىگۈچى تېنىمىز ئۆلىدۇ، پەقەت روھىمىز ئۆزگەرمەس ھالەتتە باقىي ئالەمگە كېتىدۇ. خۇدانىڭ بىز مۆمىن بەندىلىرى تىرىلدۈرۈلگەندە چىرىماس تېنىمىزنىڭ «چىرىگۈچى» تېنىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. خۇدا ئېتىقادچىلارغا پۈتۈنلەي يېڭى بىر تەن ئاتا قىلىدۇ.

**50:15** يۇھ. 13:1.

**51:15 «مەن سىلەرگە بىر سىرنى ئېيتىپ بېرىمەن»** — «سىر» توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»نى كۆرۈڭ.

**51:15** 1تېس. 16:4.

**52:15 «...ئەڭ ئاخىرقى كاناي چېلىنغاندا ئۆزگەرتىلىمىز»** — «ئەڭ ئاخىرقى كاناي» — ئىنجىل، «مات.» 31:24، «1تېس.» 16:4، «ۋەھ.» 7:10 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ.

**52:15** مات. 31:24؛ 1تېس. 16:4.

**54 ئەمما چىرىپ كەتكۈچى چىرىماس ھاياتنى كىيگەندە، بۇ ئۆلگۈچى**
**ئۆلمەسلىكنى كىيگەندە، شۇ چاغدا بۇ سۆز ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ:**
**«ئۆلۈم غەلىبە تەرىپىدىن يۇتۇلۇپ يوقىتىلىدۇ!». 55 «ئاھ، ئۆلۈم،**
**سېنىڭ نەشتىرىڭ قېنى؟! ئاھ، ئۆلۈم، سېنىڭ غەلىبەڭ قېنى؟!»**
**56 ئۆلۈمدىكى نەشتەر ــ گۇناھتۇر، گۇناھنىڭ كۈچى بولسا، تەۋرات**
**قانۇنى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. 57 لېكىن بىزنى رەببىمىز ئەيسا**
**مەسىھ ئارقىلىق بۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگۈچى**
**خۇداغا تەشەككۈر!**
**58 شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، چىڭ تۇرۇپ تەۋرەنمەس**
**بولۇڭلار، رەبنىڭ خىزمىتىدىكى ئىشلىرىڭلار ھەمىشە كەڭ**
**زىيادىلەشسۇن؛ چۈنكى رەبدە بولغان ئەجىر-جاپايىڭلار ھەرگىز**
**بىھۇدە كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىسىلەر.**

---

54:15 **«ئۆلۈم غەلىبە تەرىپىدىن يۇتۇلۇپ يوقىتىلىدۇ!»** ــ «يەش.» 8:25 (LXX تەرجىمىسىدىن).

**54:15** يەش. 8:25.

55:15 **«ئاھ، ئۆلۈم، سېنىڭ نەشتىرىڭ قېنى؟! ئاھ، ئۆلۈم، سېنىڭ غەلىبەڭ قېنى؟!»** ــ «ھوش.» 14:13. «ھوشىيا»دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمى «ئاھ، تەھتىسارا، سېنىڭ غەلىبەڭ قېنى؟!» («تەھتىسارا» ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ روھلىرى بارىدىغان جاي).

**55:15** ھوش. 14:13؛ ئىبر. 14:2.

56:15 **«گۇناھنىڭ كۈچى بولسا، تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ»** ــ دېمەك، ئىنسانلار قانۇنسىز يۈرگەندە گۇناھ ئېنىق بولمايدۇ. لېكىن تەۋرات قانۇندىكى يۇقىرىقى تەلەپلەرنى بىلىپ، ئۇلارغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىدۇ، لېكىن ئەمەل قىلالمىغانلىقىدىن گۇناھنىڭ ھەقىقىي دەھشەتلىك كۈچلۈك بىرنەرسە ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ.

57:15 **«بىزنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگۈچى خۇداغا تەشەككۈر!»** ــ «غەلىبە» دېگەن سۆز ئۆلۈم ۋە گۇناھ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**57:15** 1يۇھ. 5:5.

## كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئىئانە قىلىش

16 [1] ئەمدى مۇقەددەس بەندىلەر ئۈچۈن ئىئانە توپلاش
توغرۇلۇق، سىلەرمۇ گالاتىيا ئۆلكىسىدىكى جامائەتلەرگە
تاپىلىغىنىمدەك قىلىڭلار. [2] ھەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدە
ھەربىرىڭلار تاپاۋىتىڭلارنىڭ بەرىكىتى بويىچە ئۇنىڭدىن بىر
ئۈلۈشىنى ئاجرىتىپ ئۆز يېنىڭلاردا ساقلاپ قويۇڭلار؛ شۇنداق
قىلساڭلار، كەلگەن ۋاقتىمدا ئىئانە توپلاش ھاجەت بولمايدۇ. [3] مەن
كەلگىنىمدە، سىلەر قايسى ئادەملەرنى لايىق كۆرۈپ تاللىساڭلار،
مەن شۇلارغا تونۇشتۇرۇش خەتلىرىنى يېزىپ بېرىپ مۇشۇ ئىئانە-
شەپقىتىڭلارنى يېرۇسالېمغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىمەن.
[4] مېنىڭمۇ بېرىشىم مۇۋاپىق كۆرۈلسە، ئۇلار ماڭا ھەمراھ بولۇپ
بارىدۇ. [5] ئەمما مەن ماكېدونىيە ئۆلكىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن
يېنىڭلارغا كېلىمەن ـ چۈنكى مەن ماكېدونىيەدىن ئۆتمەكچىمەن
ـ [6] بەلكىم مەن سىلەر بىلەن بىللە بىر مەزگىل تۇرۇشۇم مۇمكىن،
ھەتتا يېنىڭلاردا قىشلاپ قېلىشىممۇ مۇمكىن؛ شۇنىڭدەك ئاندىن
قەيەرگە بارماقچى بولسام، سىلەر ياردەم قىلىپ، مېنى يولغا سېلىپ
قويارسىلەر. [7] چۈنكى بۇ قېتىم سىلەرنى يول ئۈستىدىلا كۆرۈپ ئۆتۈپ
كېتىشنى خالىمايمەن، بەلكى رەب بۇيرۇسا، سىلەر بىلەن بىللە
ئۇزۇنراق بىر مەزگىل تۇرغۇم بار. [8] ئەمما مەن ئەفەسۇس شەھىرىدە
ئورما ھېيتىغىچە تۇرماقچىمەن. [9] چۈنكى مۇشۇ يەردە ماڭا ئاچايىپ

---

**2:16 «ھەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدە»** ــ يەنى يەكشەنبە كۈنىدە.

**2:16** روس. 11:29؛ 2كور. 8:4؛ 9:1.

**3:16 «مەن شۇلارغا تونۇشتۇرۇش خەتلىرىنى يېزىپ بېرىپ مۇشۇ ئىئانە-شەپقىتىڭلارنى يېرۇسالېمغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىمەن»** ــ يېرۇسالېمدىكى جامائەت ناھايىتى كەمبەغەل بولۇپ قالغانىدى. «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

**5:16** 2كور. 1:15.

**8:16 «ئورما ھېيتى»** ــ ياكى «ھوسۇل يىغىش ھېيتى». گرېك تىلىدا «پېنتېكوست ھېيتى» (ئەللىكىنچى كۈنى ھېيتى) دەپ ئاتىلىدۇ ــ چۈنكى بۇ ھېيت پاسخا ھېيتى (ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى)دىن 50 كۈن كېيىن بولىدۇ.

**چوڭ، ئۈتۈق-مېۋە بېرىۋاتقان بىر ئىشىك كەڭ ئېچىلدى، شۇنىڭدەك قارشى چىققۇچىلارمۇ كۆپ.**

**[10] تىموتىي يېنىڭلارغا بېرىپ تۇرسا، ئۇنىڭ ئاراڭلاردا قورقماي ئەركىن-ئازادە يۈرۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار. چۈنكى ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش رەبنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. [11] شۇڭا ھېچكىم ئۇنى تۆۋەن كۆرمىسۇن؛ بەلكى ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا كېلىشى ئۈچۈن ئامان-ئېسەن ئۇزىتىپ يولغا سېلىپ قويۇڭلار؛ چۈنكى ئۇنىڭ قېرىنداشلار بىلەن بىللە كېلىشىنى كۈتمەكتىمەن. [12] ئەمما قېرىندىشىمىز ئاپوللوسقا كەلسەم، ئۇنىڭدىن قېرىنداشلار بىلەن بىللە سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بېرىشنى كۆپ ئۆتۈندۈم. لېكىن ئۇنىڭ ھازىرچە بارغۇسى يوق. كېيىن پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە بارىدۇ.**

**[13] ھوشيار بولۇڭلار، ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇڭلار؛ مەردانە ئەردەك بولۇڭلار! قەيسەر بولۇڭلار!**

**[14] سىلەرنىڭ قىلغان ھەممە ئىشىڭلار مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قىلىنسۇن.**

**[15-16] ئەمدى، ئى قېرىنداشلار، ئاخايا ئۆلكىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد مېۋىسى بولغان ستېفاناس ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا قانداق ئۆزلىرىنى ئاتىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىلەر؛ مەن سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خىزمەتتە ھەربىر جاپا تارتىۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرىگە كىرىڭلار. [17] ئەمما يېنىڭلاردىن ستېفاناس، فورتۇناتۇس ۋە**

---

9:16 **«ماڭا ئاجايىب چوڭ، ئۈتۈق-مېۋە بېرىۋاتقان بىر ئىشىك كەڭ ئېچىلدى»** — خۇش خەۋەر تارقىتىدىغان پۇرسەتنى كۆرسىتىدۇ.

16-15:16 **«ئاخىيا ئۆلكىسى»** — ھازىرقى گرېتسىيە، «يۇنان». **««ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خىزمەتتە ھەربىر جاپا تارتىۋاتقانلار...»** — «خىزمەتتە» — رەبنىڭ خىزمىتىدە، ئەلۋەتتە. پاۋلۇسقا نىسبەتەن پەقەت بىرلا خىزمەت مەۋجۇت ئىدى.

**ئاقايىكۇسنىڭ بۇ يەرگە مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن شادلاندىم؛**
**چۈنكى ئۇلار سىلەر تەرەپتىن كەم بولغانلىرىنى تولۇقلاپ بەر**
**دى. [18] چۈنكى ئۇلار مېنىڭ روھىمنى ۋە ھەم سىلەرنىڭكىنىمۇ**
**يېڭىلاندۇردى؛ شۇڭا شۇنداق ئادەملەرنى ئەتىۋارلاپ ھۆرمەتلەڭلار.**
**[19] ئاسىيادىكى جامائەتلەردىن سىلەرگە سالام. ئاكۋىلا ۋە پرىسكىللا**
**ھەم ئۇلارنىڭ ئۆيىدە جەم بولىدىغان جامائەتتىنمۇ رەبدە سىلەرگە**
**قىزغىن سالام يوللايدۇ. [20] قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە سالام**
**يوللايدۇ. بىر-بىرىڭلار بىلەن پاك سۆيۈشلەر بىلەن سالاملىشىڭلار.**
**[21] مانا، مەنكى پاۋلۇس ئۆز قولۇم بىلەن سالام يېزىۋاتىمەن!**
**[22] ھەركىم رەب ئەيسا مەسىھنى سۆيگۈچى بولمىسا، ئۇنىڭغا لەنەت**
**بولسۇن! رەببىمىز، كەلگەيسەن! [23] رەب ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-**
**شەپقىتى ھەممىڭلارغا يار بولغاي!**
**[24] مېنىڭ مەسىھ ئەيسادا بولغان مۇھەببىتىم ھەممىڭلار بىلەن**
**بىللە بولغاي. ئامىن!**

---

17:16 **«... يېنىڭلاردىن ستىفاناس، فورتۇناتۇس ۋە ئاقايىكۇسنىڭ بۇ يەرگە مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن شادلاندىم»** ــ مۇشۇ ئۈچ بۇرادەرنىڭ كورىنتلىقلارنىڭ جامائىتىنىڭ يېنىدىن كېلىشى پاۋلۇسقا مۇشۇ رىغبەت بەرگۈچى خەتنى يېزىپ يوللاش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى.

19:16 **«ئاسىيا»** ــ ھازىرقى زاماندىكى تۈركىيە زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ. **«پرىسكىللا»** ــ بەزىدە ئۇ قىسقارتىلىپ «پرىسكا» دېيىلىدۇ.

**20:16** رىم. 16:16؛ 2كور. 12:13؛ 1تېس. 26:5؛ 1پېت. 14:5.

22:16 **«...لەنەت بولسۇن. رەببىمىز، كەلگەيسەن!»** ــ پاۋلۇس بۇ سۆزنى ئارامىي تىلىدىكى: «ئاناتېما، ماراناتا!» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

24:16 **«مېنىڭ مەسىھ ئەيسادا بولغان مۇھەببىتىم ھەممىڭلار بىلەن بىللە بولغاي»** ــ ياكى «مېنىڭ مۇھەببىتىم مەسىھ ئەيسادا بولغان ھەممىڭلار بىلەن بىللە بولغاي».

# قوشۇمچە سۆز

## بۆلۈنۈشلەر، «مەزھەپلەر»
## (1:10-17، 3:1-8، 18-23نى كۆرۈڭ)

كورىنتتىكى جامائەتنىڭ بەزىلىرى بىر-بىرىدىن بۆلۈنۈپ بىرنەچچە گۇرۇھقا ئايرىلغانىدى؛ ھەربىر گۇرۇھ، بىز مەسىھنىڭ روسۇللىرى ئارىسىدىن مەلۇم بىرسىنىڭ تەلىمىگە ياكى ئۆلگىسىگە ئەگىشىمىز، دەيتتى. «مەسىھنىڭ روسۇللىرىنىڭ تەلىمىگە ئەگەشكەندىن كۆرە، مەسىھنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىققان تەلىمگىلا ئەگىشىمىز» دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. پاۋلۇسنىڭ بۆلارنىڭ ھەممىسىگە، جۈملىدىن «مەن پاۋلۇسنىڭ تەرەپدارىمەن» دېگەنلەرگىمۇ بەرگەن تەنبىھى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر. ئۇنىڭ: «مەسىھ بۆلۈنگەنمىكەن؟» دېگەن ئاددىي بىر سوئالى بار ئىدى (1:13). بۇ سوئالغا بولغان جاۋاب ئەلۋەتتە «ياق» دېيىشتۇر.

بۇ خەتتە روسۇلنىڭ تەنبىھىگە ئۇچرىغان بىرىنچى ئىش دەل مۇشۇ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈش ئىشى ئىدى. روسۇلنىڭ بۇنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى زوردۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ: «چۈنكى سىلەر تېخى ئەتكە تەۋە كىشىسىلەر. ئاراڭلاردا ھەسەتخورلۇق ۋە تالاش-تارتىشلار بار بولغاندىن كېيىن، سىلەر ئەتكە تەۋە ئەمەسمۇ، ئىنسانلارچە مېڭىۋاتمامسىلەر؟ چۈنكى بىرسى «مەن پاۋلۇس تەرەپدارى»، ۋە باشقا بىرسى «مەن ئاپوللوس تەرەپدارى» دېسە، سىلەر پەقەت ئىنسانلارغا ئوخشاش بولۇپ قالمىدىڭلارمۇ؟» (3:3-4) دېگەن تەنبىھىنىمۇ چۈشەنمىگەنىدى.

«رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»دە بىز «ئەت» ياكى «ئەتلەر»، «ئەتكە تەۋە»، «ئەتلىك كىشىلەر» دېگەن ئۇقۇم توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلغان؛ مۇشۇ يەردە بۇنى قايتىلىمايمىز. لېكىن بەزىلەر: ««ئىنسانلارغا ئوخشاش» بولساق نېمە بوپتۇ؟ بىز ھەممىمىز ئىنسان ئەمەسمۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. بۇ سۆزلەرنىڭ ئادەمنى چۆچۈتىدىغان تۈپ مەنىسى شۇكى، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى چېكىدىن ئاشقان خاتا يولدا قارىغۇلارچە، تەلۋىلەرچە ماڭماقتا. ھەرخىل ناپاكلىق، ئاچكۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق ۋە ھەسەتخورلۇقنى ئاقلاش ئۈچۈن بىز: «بىز پەقەت ئىنسان، خالاس»، ياكى «بىز پەقەت

خۇدانىڭ ئاجىز بەندىلىرى، خالاس» ۋە «ئىنسان دېگەننىڭ گۇناھ قىلماسلىقتا ئامالى يوقتۇر» دېگەن سۆزلەرنى ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىمىز.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، شۇ كۈندە ھەممىگە قادىر ئالدىدا ھېساب تاپشۇرۇشقا تۇرۇپ ئۇنىڭغا: «مەن پەقەت ئىنساندىن بولغان» «ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىدىغان تۇرسا؟» دەپ باھانە كۆرسەتسىڭىز، سۆزىڭىز ئاقامدۇ؟ ئاجايىب ئىش دەل شۇكى، خۇدا پەقەت گۇناھلارنىڭ جازاسىدىنلا ئەمەس، بەلكى گۇناھلارنىڭ كۈچ-تەسىرلىرىدىنمۇ قۇتقۇزىدىغان بىر نىجاتلىقنى ئىنسانغا ئاتا قىلاي دەپ تۇتماقتا. بۇنى كورىنتتىكى جامائەت ئوبدان بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما نىجاتلىقنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدە ياشىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس ئۇلارغا قاتتىق تەنبىھ بېرىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق باشقا ئىنسانلارغا ئوخشىمىغان ھالدا باشقىچە ياشاش مۇمكىنكى — بىز چوقۇم شۇنداق ياشىشىمىز كېرەك — خۇداغا تەشەككۈر، بىزنىڭ «ئىنسانلارغا ئوخشاش» ئەمەس، بەلكى ئاسماندىكى پۇقرالار، خۇدانىڭ روھىدىن كۈچلەندۈرۈلگەن پەرزەنتلىرى سۈپىتىدە ياشاش ئىمكانىيىتىمىز بار.

جوڭگودا بىز خەنزۇ ئېتىقادچى قېرىنداشلىرىمىزدىن، بولۇپمۇ تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ تونۇشقىنىمىزدا: «سىز قايسى مەزھەپ («پەي»)دىن بولۇسىز؟» دېگەن سوئالنى پات-پات ئاڭلايمىز. بۇ مۇنداق سوئال سورىغۇچىنىڭ تېخى «ئەتتە ياشاۋاتقانلىقى»نى، شۇنداقلا «ئىنسانلارچە كۆزقاراش» بىلەن دۇنياغا قارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس. قەلبىدە خۇدانىڭ روھى ماكانلاشقان، شۇنداقلا روھ تەرىپىدىن تولدۇرۇلغان كىشىلەر مۇشۇنداق سوئال سورىمايدۇ، ياكى «جامائەتتىكى قايسى تەلىم بەرگۈچىدىن ئۆگەندىڭىز»، ياكى «جامائىتىڭىزنىڭ يېتەكچىسى كىم؟» دېگەنگە قىزىقمايدۇ — روھىي ئادەملەر بولساق، ئۇچرىغان باشقا ئىشەنگۈچىلەردىن مەسىھنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق گۇۋاھلىق، تۇپتىن ئۆزگەرتىلگەن تۇرمۇشىنىڭ گۇۋاھلىقى، توۋا قىلغانلىقتىن مەسىھدە بولغان يېڭى ھاياتتىن ئۇرغۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان مۇھەببەت، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ۋە ھەققانىيلىقنى ئىزدەيمىز. مانا مۇشۇ ئىشلار «ئېتىقادچىلار»دا كۆرۈلمىسە، ئىنجىل تەلىمى بەرگۈچىلەردىن ھەتتا بۈگۈنكى ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىنىڭ بىزدە بار بولغىنىنىڭ نېمە پايدىسى بولاتتى؟ تەلىمى توپ-توغرا بولغان بىر ياچېيكىغا ئەزا بولۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟ لېكىن ئۆزگەرتىلگەن بىر ھايات مەۋجۇت بولسا، توۋا قىلىشنىڭ مېۋىسى كۆرۈلگەن بولسا (گەرچە ئىككىلەمچى مەسىلىلەر توغرۇلۇق كۆزقاراشلار ئوخشىمىسىمۇ)، ئاندىن مەسىھ توغرۇلۇق ئورتاق سۆز بىلەن سىرداشقىلى بولىدۇ.

مەسىھكە مەنسۇپ بولغان ھەممە ئادەم ئۇنىڭ جامائىتىدۇر — دېمەك، «ھەر يەرلەردە رەب ئەيسا مەسىھنىڭ (ئۇ ئۇلارغا ۋە بىزگە مەنسۇپ!) نامىغا نىدا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى» ئۇنىڭ جامائىتىدۇر. (2:1). گەرچە ئۇلار بىزدىن ئايرىم ھالدا جەم بولسىمۇ، ئۆزىمىزنى باشقا ھەقىقىي ئېتىقادچىلاردىن باشقىچە چاغلىماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ ھەر زېمىن-يۇرتتا تۇرۇۋاتقان، بارلىق جامائەتلەردە جەم بولۇۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن (مەيلى ئۇلار ئۆزىمىزنى «قېرىنداش» دەپ ئېتىراپ قىلسۇن-قىلمىسۇن) دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.

## 6:4 «پۈتۈلگەننىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار»

«پۈتۈلگەننىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەڭلار» دېگەن سۆزلەر تەۋراتتا ئەينى يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئۇ تەۋرات-ئىنجىلدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپتۇر. بۇ ئايەت، مەيلى نىجاتلىق بولسۇن، ئەخلاق-پرىنسىپلار بولسۇن، جامائەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسىلىلەر بولسۇن، مۇقەددەس كىتابلاردا ھەر ئەھۋالدا بىزگە يېتەرلىك يوليورۇق تاپشۇرۇلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. «ئارتۇق ۋەھيى» بۇ ئىشلاردا بىزگە كېرەك ئەمەس؛ ئەمەلىيەتتە، بىز مۇشۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بىر بايان بىلەن ئىپادىلەيمىزكى، — ئىمان-ئېتىقادتا باغلىق ھەرقانداق ئىشلاردا (مەسىلەن، ئەخلاق-پرىنسىپ، نىجاتلىق، جامائەت، ياكى مۇشۇ يەردىكىدەك پاۋلۇس روسۇللارنىڭ روللىرى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلغىنىدەك)، مۇقەددەس كىتابلاردا ئايان قىلىنمىغان بولسا ياكى مۇقەددەس كىتابلاردىن لوگىكىلىك قىياس قىلىنىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنداق ئىشلارنى ھەرگىز «جەزمەن شۇنداق» دېمەسلىكىمىز كېرەك.

## 8:4 «سىلەر ئاللىقاچان تويۇنۇپ كەتتىڭلار! ئاللىقاچان بېيىپ كەتتىڭلار! سىلەر بىزسىز پادىشاھلار بولۇپ ھۆكۈم سۈردۈڭلار! كاشكى سىلەر ھەقىقەتەن ھۆكۈم سۈرگەن بولساڭلارئىدى — ئۇنداقتا بىز سىلەر بىلەن بىللە ھۆكۈم سۈرگەن بولاتتۇق!»

بەزى ۋاقىتلاردا بۈگۈنكى دەۋردىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن روسۇلنىڭ بەزى سۆزلىرىنى چۈشىنىش تەس. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ئۇ ئېنىق كۆرگەن روھىي ھەقىقەتلەرنى بىز غۇۋا كۆرىشىمىز مۇمكىن. ئەمما قايتا-قايتا ئوقۇپ سۆزلىرى ئۈستىدە ئويلانساق، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىزمۇ ئۇنىڭ بەھرىمەن بولغان يورۇقلۇقىغا مۇيەسسەر بولىشىمىز مۇمكىن؛ ئىمان-ئىشەنچ بىلەن شۇنداق داۋاملاشتۇرساق چوقۇم يورۇقلۇققا ئېرىشىمىز.

مۇشۇ سۆزلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال روسۇلنىڭ رىمدىكى جامائەتكە ئېيتقان سۆزلىرى ئۈستىدە ئازراق توختىلايلى: —

«ئەمدى بىر ئادەمنىڭ ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئەنە شۇ ئۆلۈم بىر ئادەم ئارقىلىق ھۆكۈمران بولغان يەردە، خۇدانىڭ مول مېھىر-شەپقىتىنى، شۇنداقلا ھەققانىيلىق بولغان شاپائەتلىك سوۋغىتىنى قوبۇل قىلغانلار بىر ئادەم، يەنى شۇ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ھاياتتا شۇنچە غالىبانە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بولىدۇ!» («رىم.» 5:17).

مۇشۇ ئايەتتە خۇدانىڭ مەسىھنىڭ قۇربانلىق ئۆلۈمىدە بولغان بۈيۈك مەقسەت-مۇددىئاسىنى كۆرىمىز — يەنى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان مول ۋە شەرەپلىك ھاياتتۇر. ئۆتكەن كونا ھاياتنى باشقۇرىدىغان گۇناھ ۋە شەيتاننىڭ زۇلۇم-ئاسارەتلىرىدىن چىقىشتا شۇنچە زور ئۆزگىرىش ۋە ئازاد بولۇش بولىدۇكى، پاۋلۇس بۇ يېڭى ھاياتنى گۇناھ ۋە ئۆلۈم بولغان بۇرۇنقى مۇستەبىتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ پادىشاھتەك سۈرىدىغان ھايات، دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئەڭ ئۇلۇغ ۋە كەممەتلىك ھۆكۈم سۈرۈش بولسا، ئېتىقادچىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆزى ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈشى، ئەلۋەتتە. سۇلايمان پەند-نەسىھەتلىرىدە ئېيتقاندەك: «ئاسان ئاچچىقلىمايدىغان كىشى پالۋاندىن ئەۋزەل؛ ئۆزىنى تۇتىۋالغان كىشى شەھەر ئالغاندىنمۇ ئۈستۈن» («پەند.» 16:32). ئۆزىنى ھەقىقىي تۇتىۋالغان كىشىگە بولسا، خۇدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتلەرنى ئامانەت قىلالايدۇ، ھەتتا ئۇ دۇنيادىكى ئىشلاردا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان زور مەسئۇلىيەتلەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ.

ئەمما مۇشۇ يەردە پاۋلۇس كورىنتلىقلارغا كىنايە بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ. كورىنتتىكى جامائەت بولسا: «بىز كامالەتكە يېتىپ، مۇستەقىل بولدۇق؛ «ھۆكۈمرانلىق قىلىش»قا سەن پاۋلۇسنىڭ ياردىمىڭ ياكى نەسىھىتىڭ كېرەك ئەمەس، دەيدۇ. پاۋلۇس بولسا:

«ئەلۋەتتە، سىلەر گۇناھكارلار، ئۆز شەخسىيەتچىلار ۋە شەيتاننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ پادىشاھدەك ھۆكۈم سۈرگەن بولساڭلار ئىدى، شۇنداق بولغىنىڭلاردا، بىز سىلەر بىلەن بىللە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولاتتۇق!» دەيدۇ. ئەمما خەتنىڭ قالغان قىسمىدا ئادەمنى خىجىل قىلارلىق دەرىجىدە ئايان قىلىنغىنىدەك، ئۇلار ھېچقاچان «ھۆكۈم سۈرگەن» ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە ئۇلار نۇرغۇن گۇناھلارنىڭ ئاسارەت-ئىلكى تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىپ كېلىنىۋاتاتتى.

پاۋلۇسنىڭ ئۇلارغا سۆزلەش تەلەپپۇزىدىن ئېنىق تۇردۇكى، ئۇنىڭ ئۇلارغا بولغان مەقسىتى (بۇ ئۈمىد-مەقسەت ھەممە ھەقىقىي روسۇللاردا تېپىلىدۇ) ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ئۈستىدىن كونترول قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ ئازاد قىلىنىپ كۈچلەندۈرۈلۈش، يېتىلدۈرۈلۈپ دانا بولۇش ۋە نىجاتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن چىن كۆڭلىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ياردىمىدىن مۇستەقىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى.

## «شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلۇش»

5:3-5 «چۈنكى گەرچە تەندە سىلەر بىلەن بىللە بولمىساممۇ، ئەمما روھتا سىلەر بىلەن بىللە بولۇش سۈپىتىدە ئاللىقاچان شۇنداق مەن شۇ ھۆكۈمنى چىقاردىمكى، — (ھەممىڭلار رەب ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا جەم بولغاندا، ئۆزۈمنىڭ روھىم سىلەر بىلەن بولۇپ، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ) — شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ئەتلىرى ھالاك قىلىنسۇن، شۇنداق قىلىپ روھى رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلسۇن».

كورىنتتىكى جامائەتنىڭ ئەزاسى بولغان بۇ كىشى ئاتىسىنىڭ ئايالى (ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى، ياكى ئاتىسىنىڭ توقىلى) بىلەن بىللە ياشاشقا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق كىشى بىرىنچىدىن گۇناھى تۈپەيلىدىن جامائەتنىڭ باردى-كەلدىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇشى كېرەك؛ جامائەت ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى ئالاقىدە بولماسلىقى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇ «شەيتانغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك» ئىدى. ھەرقانداق جامائەت ئۈچۈن

ئۆز ئەزاسىغا نىسبەتەن مۇنداق تەدبىرنى قوللىنىشى ئىنتايىن زور ئېغىر ئىشتۇر. ئادەتتە شۇنداق ئوچۇق گۇناھ مەۋجۇت بولسا، شۇنداقلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئەھۋال بار بولسا، ئاندىن مۇشۇنداق تەدبىرنى قوللانغىلى بولىدۇ: —

(1) گۇناھ سادىر قىلغۇچى كىشى گۇناھقا شۇنچە پېتىپ كەتكەنكى، ھەتتا تەنبىھلەر ياكى نەسىھەتلەرنى ئاڭلىمىغان بولسا؛

(2) بۇ گۇناھلىق قىلمىش تۆپەيلىدىن مەسىھ ئەيسانىڭ نامىغا ئېغىر داغ تەگكۈزۈلىدۇ ۋە جامائەتنىڭ مەسىھكە بولغان گۇۋاھلىقىنى سېسىتقان بولسا. ئوتتۇرا دېڭىزدىكى «پاھىشۋازلىق پايتەختى» بولغان كورىنت شەھىرىدىمۇ ئامما-پۇقرالار مۇشۇنداق قىلمىشنى يىرگىنچلىك دەپ قارايتتى — شۇنداق قىلمىش جامائەتنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت ئىدى! پاۋلۇسنىڭ بۇ تەدبىرنى قوللاش قارارىغا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

ھازىر بىز «(بۇ) كىشىنىڭ ئەتلىرى ھالاك قىلىنسۇن» ۋە «روھى رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە قۇتقۇزۇلار» دېگەنلەرنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلايلى.

بۇ توغرۇلۇق تۆت خىل پىكىر مەۋجۇت. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭكىنى ئېيتىمىز. ئىنجىلدا ئادەتتە «ئەت» ۋە «ئەتلەر» دېگەن سۆزلەر ئادەتتە ئىنسانىي گۇناھلىق تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ؛ لېكىن پىكرىمىزچە مۇشۇ يەردە «ئەت»نى ئاساسەن جىسمانىي جەھەتتىن (بۇ ئادەمنىڭ تېنىنى كۆرسىتىدۇ، دېمەكچى)، ئاندىن ئادەمنىڭ گۇناھلىق تەبىئىتى جەھەتتىن چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ؛ شۇنداق قارىغاندا، كورىنتلىقلار بۇ كىشىنى شەيتانغا تاپشۇرسا، ئەمدى ئۇنىڭ ئەتلىرى شەيتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولىدۇ (دېمەك، خۇدانىڭ بىۋاستە باشپاناھلىقىدا بولمايدۇ، خۇدانىڭ شىپاسىدىن ھېچقانداق بەھرىمەن بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئايۇپ پەيغەمبەرنىڭ تارىخىنى سېلىشتۇرۇڭ، «ئايۇپ» 1:2-10). شۇڭا شۇ يولدا ئۇ بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، بەلكىم ھەتتا بۇ كېسەلدىن ئۆلۈشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندا تۆت ياخشى نەتىجىمۇ بولۇشى مۇمكىن: —

(1) بۇ كىشىنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ «تەربىيە جازا»سىنى كۆرۈشى بىلەن ئۆز گۇناھلىق قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن ئويغىنىپ توۋا قىلىش ئىمكانىيىتى بار بولىدۇ؛

(2) جامائەت ئۆزى گۇناھنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرى توغرۇلۇق ئويغىنىشىمۇ مۇمكىن

(خۇدانىڭ كورىنتتا تۇرغان مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ بەزلىرى «رەبنىڭ زىياپىتى»گە مۇناسىۋەتلىك بولغان گۇناھلار تۈپەيلىدىن ئاغرىغان، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنىدى؛ 30:11نى كۆرۈڭ).

(3) كورىنتتىكى «بۇ دۇنياغا تەۋە بولغان» كىشلەر خۇدانىڭ جازا-تەربىيىسىنى كۆرگەندۇ ۋە خۇدادىن قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇش خەۋەر توغرۇلۇق گۇۋاھلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ؛

(4) «رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە، بۇ كىشىنىڭ روھى قۇتقۇزۇلىدۇ».

ئاخىرقى بۇ ئىبارە ئۈستىدە كۆپ قىياس قىلمايمىز. ئەمما 3:11-17دە پاۋلۇس مۇقەددەس روھتا «قۇرۇش» ۋە كېيىنكى ئىنئاملار دېگەن مۇھىم ئىش توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ يەردە ئۇ ئىككى خىل كىشىنى تىلغا ئالىدۇ؛ بىرىنچى خىلى بولسا ئىمان-ئېتىقاد بىلەن خۇداغا ئىتائەتمەن بولۇپ پەقەت ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈپ «ئۇل ئۈستىگە ئالتۇن، كۈمۈش، ياكى قىممەتلىك تاش» سالغان كىشى؛ ئۇ خۇدانىڭ يوللىرىدا ئىزچىل ھالدا توختاۋسىز ماڭغاچقا خاراكتېرىدا نۇرغۇن ئەۋزەل خىسلەت-پەزىلەتلەر قۇرۇلۇپ چىقىلغان؛ خۇداغا ملك تەشەككۇر، ئۆز مېھىر-شەپقىتى ھەم روھىنىڭ ئالاھىدە ئىش كۆرۈشى بىلەن ئادەمنىڭ ئىچىگە يۇغۇرۇلغان بۇنداق پەزىلەتلەر ھەرگىز يوقاپ كەتمەيدۇ.

ئىككىنچى خىل كىشى ئۆز ھاياتىدا ھېچقانداق «پۇختا قۇرۇلۇش»نى قۇرمىغان كىشىدۇر. مۇنداق كىشلەرنىڭ «قۇرۇلۇش»ى بار دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتىكىلا ئىشلار بولۇپ، ئىسمى بار جىسمى يوق، ئوتتىن ئۆتەلمەيدىغان ئەرزىمەس قۇرۇلۇشتۇر. بۇنداق كىشى «ئۆزى قۇتۇلىدۇ، ئەمما گويا ئوتتىن ئۆتۈپ قۇتۇلغان بىرسىگە ئوخشاپ قالىدۇ». پاۋلۇس تىرىلىشتىكى ئىشلار توغرۇلۇق پۈرۈتۈپ دېگەندەك، يۇلتۇزلار بىر-بىرىگە ئوخشىمىغىنىدەك، تىرىلىشتە كىشىلەرنىڭ يېڭى تەنلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىشىمۇ مۇمكىن (35:15-49). لېكىن بۇنداق كىشىلەرگە ھەتتا «تىرىلىش»تىكى تەن بېغىشلانماسلىقى مۇمكىن؛ ئۇلار ئىشەنچىسىنى رەب ئەيسا مەسىھكە باغلىغانلىق سەۋەبىدىن، ئۇلار «قۇتقۇزۇلىدۇ»؛ ئەمما بۇ قۇتقۇزۇلۇشنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە دېگىلى بولىدۇ؛ دېمەك، ئۇلار گۇناھلىرىنىڭ دوزاختىكى جازاسىنى كۆرمەيدۇ، پەقەت «قۇتقۇزۇلغان تەنسىز روھلار» سۈپىتىدە خۇدا ئالدىدا ياشايدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ پەرزىمىزدۇر.

بۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق باشقا بەزى ئايەتلەر: —
«رىم.» 17:16-18؛ «2كور.» 14:6-1:7؛ «گال.» 1:6-2؛ «2تېس.» 6:3-15؛
«1تىم» 20:1؛ «تىت.» 10:3-11؛ «2يۇھ.» 9-11؛ «ۋەھ.» 20:2نى كۆرۈڭ.

## 7:5-8 «كونا خېمىرتۇرۇچنى چىقىرىۋېتىڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئەسلى خېمىرتۇرۇچسىز خېمىردەك يېڭى بىر زۇۋۇلا بولىسىلەر؛ چۈنكى «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»دىكى قوزىمىز بولغان مەسىھ قۇربانلىق قىلىندى؛ شۇڭا ھېيتنى يامان نىيەتلىك ۋە رەزىللىك بولغان خېمىرتۇرۇچ بىلەن ئەمەس، بەلكى سەممىيلىك ۋە ھەقىقەت بولغان پېتىر نان بىلەن تەنتەنە قىلىپ ئۆتكۈزەيلى».

خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەھۇدىي خەلقىگە تاپشۇرغان «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى» ئۇلارنىڭ مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغان بايرامدۇر. تەۋرات كالېندارىدا «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»گە يەتتە كۈنلۈك «پېتىر نان ھېيتى» ئۇلىنىپلا كېلىدۇ («مىس.» 1:12-20نى دىققەت بىلەن ئوقۇڭ). بۇ ھېيتلارغا زۆرۈر بولغان تەييارلىقلارنىڭ بىرى ھەر ئۆيدىن بارلىق خېمىرتۇرۇچنى ئەستايىدىللىق بىلەن چۆرۈپ تاشلاشتىن ئىبارەتتۇر. يەھۇدىي ئاياللار قولىغا چىراغ ئېلىپ خېمىرتۇرۇچنىڭ كىچىككىنە بىر تال ئۇۋۇقىمۇ قالدۇرۇلمىسۇن دەپ ئۆز ئۆيىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىدۇ؛ خېمىرتۇرۇچنىڭ كىچىككىنە بىر تال ئۇۋۇقى چىقىپ قالسىمۇ، ئۇ سىرتقا تاشلىنىپ ئۇدۇللۇق كۆيدۈرۈلىدۇ. ئىبادەتخانىدىمۇ سۇنۇلغان ھەرقانداق قۇربانلىقلار ھېچقانداق خېمىرتۇرۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك ئىدى («مىس.» 1:12-20، «لاۋ.» 11:2). ئۇنداقتا، خېمىرتۇرۇچنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟

ھەممىمىزگە ئايانكى، خېمىرتۇرۇچ خېمىرنى كۆپتۈرۈپ ئۇنى بولدۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەردائىم ئادەمنى چوڭچىلىققا ئازدۇرىدىغان، ئادەملەرنى يوغىنىتىدىغان، كۆرەڭلىتىدىغان ھەرخىل گۇناھلارغا ئىنتايىن مۇۋاپىق بىر سىمۋول بولىدۇ. گۇناھ بولسا ئادەملەرنى پەقەت «يوغىنىتىدۇ» (2:5نى كۆرۈڭ). تەۋرات دەۋرىدە خۇداغا ئاتالغان قۇربانلىقلاردا ھېچ خېمىرتۇرۇچ بولماسلىقى كېرەك ئىدى ۋە ئىنجىل دەۋرىدە جامائەتنىڭ خۇداغا بولغان ئىبادەت-خىزمەتلىرىدە ھېچقانداق يوغانچىلىق-چوڭچىلىق، كۆرەڭلىك بولماسلىق كېرەك. جامائەتنىڭ ئۆلى مەسىھنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئايان بولغان بارلىق گۇناھلاردىن

چىقىپ كېتىشىدىن ئىبارەت («2تىم» 19:2). مەسىھكە ئىشىنىمەن دەپ ئىمان-ئىشەنچىنى بىلدۈرۈپ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەن كىشىلەردە خۇدادىن كەلگەن، گۇناھنىڭ ئاسارىتىدىن چىققۇدەك كۈچ-قۇدرەت بولۇشى كېرەك. شۇڭا جامائەت ئىچىدە توۋا قىلماي گۇناھنى ئوچۇق سادىر قىلىۋېرىدىغان بەزىلەر بار بولسا، بۇنداق قىلمىشقا يول قويماسلىق كېرەك؛ بۇنداق كىشىلەرنى جامائەت سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىش ياكى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ (مەسىلەن، «1تىس.» 6:3-12نىمۇ كۆرۈڭ).

ئوقۇرمەنلەر شۇنى چۈشىنىدۇكى، بۇ دېگىنىمىز كونا يوللارنى ئۆزگەرتىشتە قىينىچىلىققا ئۇچرىغاندىمۇ گۇناھ بىلەن بولغان كۈرەشنى توختاتمايدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان ئەمەس؛ ئۇنداق كىشىلەرگە سەۋر-تاقەت ۋە كەڭ قورساقلىق قىلىپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، ھەردائىم مەسىھنىڭ مۇھەببىتىنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك. كۆزدە تۇتقىنىمىز گۇناھدىن ئازاد بولۇشقا كۈرەش قىلىدىغان قېرىنداشلار ئەمەس، بەلكى مەسىھنىڭ خەۋىرىگە ئېتىقاد باغلىدىم دەپ تۇرۇپ، ئوچۇق-ئاشكارە ۋە نومۇسسىزلىق بىلەن گۇناھنى چىڭ تۇتۇۋالغان كىشىلەردۇر. يەنە كېلىپ بۇنداق دېگىنىمىز، تېخى ئېتىقاد قىلمىغانلارنى جامائەت سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىپ قارشى ئېلىشىمىزغا توغرا كەلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس! سورۇنلارغا قاتنىشىپ مەسىھنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىغۇسى بولغان ئېتىقادسىزلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشىمىز كېرەك.

«ئۈتۈپ كېتىش ھېيتى» بولسا مەسىھدە بولغان نىجاتىمىزنى ئالدىنئالا كۆرسەتكەن بىر «بېشارەتلىك سۈرەت»تۇر. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا كەلگەن (يەتتە كۈن داۋام قىلىدىغان) «پېتىر نان ھېيتى» بولسا شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ بىرلىكتە توۋا قىلغان ھالدا «سەمىمىيلىك ۋە ھەقىقەت بولغان (دېمەك، بۇلارغا سىمۋول بولغان) پېتىر نان بىلەن» داۋاملىشىدىغان خۇداغا باغلانغان تۇرمۇشىمىزنى ئالدىنئالا كۆرسەتكەن يەنە بىر «بېشارەتلىك سۈرەت»تۇر.

روسۇلنىڭ ئادەتتىكى بىرلا جۈملىسىگە قۇلاق سالساق، مۇشۇنداق تۇرمۇش جەريانىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ: —

«چۈنكى كىم سېنى باشقا بىرسىدىن ئۈستۈن قىلدۇ؟ ساڭا ئاتا قىلىنمىغان نەرسىدىن باشقا سەندە يەنە نېمە بار؟ ھەممە ساڭا بېرىلگەن تۇرسا، نېمىشقا «مەندە ئەسلى بار ئىدى» دەپ پەخىرلىنىپ كۆرەڭلەپ كېتىسەن؟» (7:4).

بارلىق ھەقىقەتلەر ئىچىدە بۇ ئەڭ ئاددىيلىرىنىڭ بىرى ئەمەسمۇ؟ لېكىن مانا بۇ ھەقىقەتنىڭ ئىنسانىي تەكەببۇرلۇقىنىڭ يىلتىزىنى قانچىلىك چوڭقۇر كېسىپ ئۈزىدىغانلىقىغا قاراڭ! بۇ ھەقىقەتكە قۇلاق سالساقلا بىزدە شۆھرەتپەرەسلىك، بىرىمۇ بەھۇدە خام خىيال قالدۇرۇلمايدۇ؛ چۈنكى ھەممە نەرسىمىز، مەيلى «تەبىئىي تالانت» ياكى «روھىي ئىلتىپات» بولسۇن، ھەممىسى خۇدانىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ، شۇڭا بىز ئۇنىڭغىلا بارلىق شان-شەرەپنى كەلتۈرىمىز. كىچىك پېئىللىق بولسا «بىزدە ھېچ تالانت-ئىلتىپات يوق» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشلارنىڭ بارلىقى تۈپەيلىدىن تالانت-ئىلتىپات بەرگۈچىگە شان-شەرەپ قايتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

## 3-2:6 «مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ دۇنيانى سوراق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ئەگەر سىلەر دۇنيا تەرىپىڭلاردىن سوراققا تارتىلىدىغان بولسا، ئەمدى زىغىرچىلىك ئىشلارنى ھەل قىلىشقا يارىمامسىلەر؟ پەرىشتىلەر ئۈستىدىنمۇ ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسىلەر؟ ئەمدى بۇ ھاياتتىكى ئىشلارنى ھەل قىلىش قانچىلىك ئىش ئىدى؟!»

بۇ بايانغا ئوقۇرمەنلەر بەلكىم خېلى ھەيران قالىدۇ؛ ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئىشەنگۈچىلەرنىڭ مەسىھنىڭ دۇنيا ۋە پەرىشتىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە ھەمراھلىقى ياكى ھەمكارلىقى بولىدۇ («زەبۇر» 149-كۈيىنىمۇ كۆرۈڭ).

«2كور.» 5:20دە پاۋلۇس «مەسىھنىڭ سوراق تەختى»نى تىلغا ئالىدۇ؛ ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ تەخت ئالدىدا ھېساب تاپشۇرۇپ تېنىدە قىلغان ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى بويىچە ئىنئام قوبۇل قىلىدۇ. مەنتىقە بويىچە بۇ سوراق بارلىق باشقا سوراقلاردىن ئاۋۋال يۈز بېرىشى كېرەك. باشقا روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقلىرى بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ — «سوراق بولسا خۇدانىڭ ئۆز ئۆيىدىكىلەردىن باشلىنىدۇ» («1پېت.» 17:4). خۇدانىڭ مۇتلەق پاك-مۇقەددەسلىكىدىكى ئوت ئالدىدا تۇرغانلار ۋە شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۆز بارلىق گۇناھلىرىدىن پۈتۈنلەي پاكلاندۇرۇلغانلارلا مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئىشلار (دۇنيانى سوراققا تارتىش)غا ھەمراھ بولۇشقا لايىق بولالايدىغان بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا

قاراپ، پاۋلۇس زور ئۆلۈغ بىر پرىنسىپنى كۆرسىتىدۇ — بىزلەر بۇ دۇنيادىن كەتمەيلا جامائەتتە، ھەتتا جامائەتتىكى ئەڭ ئاددىي ئەزالاردا خۇدانىڭ ھەقىقىي دانالىقى ئاللىقاچان ئايان بولۇشى كېرەكتۇر. ئۇ: «ئاراڭلاردا جېدەللەر پەيدا بولسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورايدۇ — «جامائەتتىكى ئەڭ ئاددىي كىشىلەرنى بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشقا بېكىتمەمسىلەر؟» (4:6)

ئادەملەر مەسىھنى ھەقىقەتەن ئىزدەپ تۇۋا قىلغان بولسا ئۇلاردا قانچە چوڭ ئۆزگىرىشلەر ھاسىل بولىدىغانلىقى مۇشۇ يەردە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ ئەخمىقانىلىك دانالىققا ئايلاندۇرۇلىدۇ؛ ھەربىر جامائەت زور پايدىلىق تەربىيە ۋە پاراسەتنىڭ بۇلىقى بولۇشقا ئۆسۈپ چىقىدۇ.

13:6 «يېمەكلىكلەر ئاشقازان ئۈچۈن، ئاشقازان بولسا يېمەكلىكلەر ئۈچۈندۇر»؛ ئەمما خۇدا ئۇ ۋە بۇ ھەر ئىككىسىنى يوققا چىقىرىدۇ؛ تەن بولسا بۇزۇقلۇق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەب ئۈچۈندۇر؛ رەب تەن ئۈچۈندۇر»

ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى بۇ بايانغا تارتماقچىمىز، چۈنكى بىز ياكى باشقىلار ئاغرىپ قالىدىغان بولساق، ئۇ بىزگە قانداق توغرا دۇئا قىلىشىمىزغا يورۇقلۇق بېرىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، خۇدانىڭ ئىشەنگۈچى ئۈچۈن بولغان ئىرادىسى روسۇل يۇھاننانىڭ 3-مەكتۇپىدا ئىپادىلىنىدۇ: «قەدىرلىك دوستۇم، روھ-قەلبىڭ ساغلام بولغاندەك، ھەممە ئىشلىرىڭنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە تېنىڭنىڭ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشمەن» (2-ئايەت).

ھالبۇكى، شۇنداق ئەھۋاللار بولىدۇكى، ئىشەنگۈچىلەر كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا بىز ھېچ ئويلانمايلا «مېنى ساقايتقايسەن» دەپ تىلەۋەرمەسلىكىمىز كېرەك، بەلكى ئاۋۋال رەبدىن، مەندە سەن بىلەن بولغان ئالاقەمگە توسالغۇ بولغان، سەل قارىغان گۇناھىم بارمۇ دەپ سورىشىمىز، ئاندىن بار بولسا قولىمىزدىن كەلگىنىچە ئۇنى تۈزىتىشكە ئىنتىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن خۇدادىن شىپا-سالامەتلىكنى تىلەشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، رەب بىز چۈشىنەلمەيدىغان يۈكسەك سەۋەبلەر بىلەن بىزنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىمىزغا يەزىدە يول قويىدۇ («ئايۇپ» 2-باب، «2كور.» 12:7-10). ئەمما بىز ھازىر قاراۋاتقان ئايەت بىزگە شىپا-سالامەتلىكنى تىلەشكە رىغبەت بېرىشى كېرەك؛ بىزنىڭ تەن

سالامەتلىكىمىزنى تىلىشىمىزدىكى مەقسەت ئۆز شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تېنىمىز رەببىنىڭ شان-شەرىپىنى كەلتۈرىدىغان ئۈنۈملۈك قورالى بولسۇن ئۈچۈن بولسا، ئەمدى «تەن بولسا.... رەب ئۈچۈن» بولغاندەك، ئۇخشاشلا قادىر رەببىمىز «تەن ئۈچۈندۇر» — ئۇنىڭ زور كۈچى بىزلەرنىڭ بۇ ئاجىز، زەئىپلىشىشقا ئۇچرايدىغان تەن ئەزالىرىمىزدا روھ ئارقىلىق ئىشلىمەكتە («رىم.» 11:8).

## 7-باب: نىكاھ، ئەر-ئاياللىق، تەنھالىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە

بۇ قىسىمدا پاۋلۇس يەنە كورىنتتىكى جامائەتنىڭ بەزى سوئاللىرىغا، يەنى ئەر-ئاياللىق، تەنھالىق مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدا ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك ھەم تولىمۇ ئەمەلىي تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن چوڭقۇر مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بەزى قېرىنداشلار پاۋلۇسنىڭ 10- ۋە 12-ئايەتتىكى: «مەن ئېيتىمەن.. ئەمما مەن ئەمەس... رەب (بۇنى) ئېيتىدۇ...»، «مەن ئېيتىمەن، رەب بۇنى ئېيتقان ئەمەس...» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ يەتمەيدۇ. شۇلارنى يەنە كۆرەيلى: —

(10) «ئەمما نىكاھلانغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا مەن شۇنى تاپىلايمەنكى، — (بۇ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تاپىلىغىنىم ئەمەس، يەنىلا رەببىنىڭكى)، ئايال ئېرىدىن ئاجراشمىسۇن...»

(12) «قالغانلىرىڭلارغا كەلسەك، مەن شۇنى ئېيتىمەنكى (بۇ رەببىنىڭ ئېيتقىنى ئەمەس)، قېرىنداشنىڭ ئېتىقادسىز ئايالى بولسا ۋە ئايالى ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋېرىشكە رازى بولسا، ئۇ ئۇنى قويۇپ بەرمىسۇن...»

بەزىلەر بۇ ئاخىرقى سۆزلەرنى شەرھلەپ، پاۋلۇس پەقەت ئۆز ھوقۇقى بىلەنلا بۇ ئىشلارنى ئېيتىۋاتىدۇ، دەيدۇ. بۇ كۆزقاراش ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراق. ئۇ ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ تولۇق ھوقۇقى بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز كېرەكتۇر.

رەب ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىدە تەندە بولغان ۋاقىتتا نىكاھلىق ھەم ئەر-ئاياللىق توغرۇلۇق، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات-قانۇنى تەلەپلىرىدىن ھالقىغان كۆپ تەلىملەرنى بەردى. بۇ تەلىملەرنى مۇنداق يەكۈنلەشكە بولىدۇ: —

(1) خۇدا تالاق قىلىشقا ئۆچتۇر. مۇسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن ئىسرائىللارنىڭ تالاق بېرىشكە يول قويغىنى بىلەن، بۇ رۇخسەت ئۇلارنىڭ تاش يۈرەكلىكى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرغا چىققان. بۇلارنىڭ تاش يۈرەكلىكىنى خۇدا ئوبدان بىلەتتى. خۇدانىڭ خاراكتېرىنى ۋە ھەرتەرەپلىك پەزىلەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر تولۇق تەلەپنى ئۇلار پەقەت ئاڭقىيالمايتتى ھەم كۆتۈرەلمەيتتى. ئەمما مەسىھ يېتىپ كەلگەندە خۇدانىڭ بارلىق ئەمر-تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان يېڭى قەلب ۋە ھاياتنى ئېلىپ كېلىدىغان يېڭى ئەھدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن كونا تاش يۈرەك مەڭگۈ يوقىغان بولىدۇ. شۇڭا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلار بىر-بىرىدىن ھەرگىز ئاجراشماسلىقى كېرەك («مات.» 31:5، 19:1-12، «مار.» 10:1-12).

(2) بۇ ئەمردىن بىردىنبىر مۇستەسنا بولغىنى: — ئەگەر ئېتىقادچى ئەر ياكى ئايال توي قىلغاندىن كېيىن ئاشنىدارچىلىق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ساداقەتسىزلىك گۇناھلىرىنى سادىر قىلغان بولسا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاجرىشىش (ئاندىن ئۇۋال قىلىنغان جورىنىڭ باشقا بىر ئېتىقادچى بىلەن توي قىلىشى) بۇ ئەمرنىڭ سىرتىدا بولىدۇ. ئەمما رەب شۇنداق قىلىش زۆرۈر دېمىگەن. («مات.» 9:19)

«كورىنتلىقلارغا» دېگەن قىسمدا روسۇل پاۋلۇس رەب ئەيسا ئۆز تەلىمىدە ئېيتمىغان بىردىنبىر ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىدۇ — دېمەك، ئەسلىدە ئېتىقادسىز بولغان ئەر-ئايالنىڭ بىر جورىسى ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. ئىككىسى ئېتىقادسىز ھالدا توي قىلغان، ئەمما ھازىر بىر جورىسى ئېتىقاد قىلغان (شۇڭا يېڭى، مېھىر-شەپقەتلىك قەلبلىك بولغان) ۋە بىر جورىسى تېخى ئېتىقادسىز (شۇڭلاشقا بەلكىم قاتتىق كۆڭۈللۈك — «مات.» 8:19نى يەنە كۆرۈڭ) قالغان بولسا (12-17)، ئىشەنگەن جورىسى ئىشەنمىگەن جورىسىدىن ئايرىلىشى كېرەكمۇ؟ جاۋاب — ياق. ئىشەنمىگەن جورا ئەر-ئايالىق مۇناسىۋەتتىن رازى بولسا ئىشەنگۈچى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشى كېرەك. ئەمما ئىشەنمىگەن جورىسى ئىشەنگەن جورىسىنىڭ ئېتىقادىدىن نارازى بولۇپ، ئاۋارىچىلىك چىقىرىپ ئەر-ئايالىقنى ساقلاشقا ئېتىقادنى تاشلاشنى شەرت قىلسا، ئۇنداقتا ئىشەنگۈچىنىڭ جېدەلسىز ئاجرىشىشقا قوشۇلۇشىغا توغرا كېلىدۇ؛ بۇ ئاجرىشىش ئۆزى چىقىپ كېتىشى ياكى جورىسىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن بولىدۇ. ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «(ئېتىقادچى) قېرىنداش ئاكا-ئۇكىلار، ھەدە-سىڭىللار

نىكاھ مەجبۇرىيىتىگە باغلىنىپ قالغان بولمايدۇ» (15). بەزىلەر بۇ سۆزنى، ئۆلارنىڭ بۇ نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى يوق، ئۇنىڭدىن ئامان-تىنچلىق بىلەن ئايرىلسا بولىدۇ؛ ئەمما ئىلگىرىكى جورىسى ئالەمدىن ئۆتمىگۈچە قايتىدىن توي قىلىش ئەركىنلىكى بولمايدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمما «باغلىنىپ قالغان» دېگەن سۆز 39-40-ئايەتتە ئىشلىتىلگەن يەردە ئوخشاش مەنىدە بولۇشى كېرەك؛ ئاشۇ يەردە «ئېرى ھايات چاغدا ئايالى ئۇنىڭغا باغلانغاندۇر» دېگەنلىكتۇر («باغلانغان» گرېك تىلىدا باشقا سۆز بولسىمۇ ئوخشاش ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ). 39-40دە ئېرى ئۆلسە، ئايالى خالىسا «رەبدە» باشقىغا تېگىشكە «ئەركىن» بولىدۇ — دېمەك، ئۇ رەبنىڭ يولىيورۇقى ۋە دانالىقى بىلەن، ئېتىقادچى قېرىنداشقا تېگىشكە ئەركىندۇر. بىز ئوخشاشلا 15-ئايەتتىكى «باغلىنىپ قالغان ئەمەس» دېگەنىنمۇ، باشقا بىرسىگە (ئېتىقادچى بولسا) تېگىشكە ئەركىن بولىدۇ، دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.

(بۇ تەلىمنىڭ باشقا تەرىپى بولسا، ئىشەنگۈچىلەر (باشقا بىرسىگە تېگەي دېسە قانداقلا بولمىسۇن باشقا ئىشەنگۈچىگە تېگىشى زۆرۈر («2كور.» 6:4نىمۇ كۆرۈڭ). ئەگەر نىكاھقا مەجبۇرلانغان بولسا ئىشەنگۈچىنىڭ ئەھۋالى بەلكىم 12-17-ئايەتتە كۆرسەتلگەن ئىشەنمىگەن جورىسى بار بولغان ئەر ياكى ئايالنىڭكىگە ئوخشاش دەپ قاراشقا بولىدۇ).

36-38-ئايەتنىمۇ كۆرەيلى: —

«ئەمما ئەگەر بىرسى نىيەت قىلغان قىزغا نىسبەتەن مۇئامىلەمنىڭ دۇرۇس بولمىغان يېرى بار دەپ قارىسا، ئۇ قىز ياشلىق باھارىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئىككىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن، ئۇ گۇناھ قىلغان بولمايدۇ؛ ئۇلار نىكاھ قىلسۇن. بىراق، بىرسى ئۆز كۆڭلىدە مۇقىم تۇرۇپ، ھېچقانداق ئىشق بېسىمى ئاستىدا بولماي، بەلكى ئۆز ئىرادىسىنى باشقۇرۇپ،كۆڭلىدە نىيەت قىلغان قىزنى ئەمرىگە ئالماسلىقنى قارار قىلغان بولسا، ياخشى قىلغان بولىدۇ. قىسقىسى، ئۆيلەنگەننىڭ ئۆيلەنگىنىمۇ ياخشى ئىش، ئۆيلەنمىگەننىڭ ئۆيلەنمىگىنىمۇ تېخىمۇ ياخشى ئىش».

بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە سەل توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بەزىلەر 36-38-ئايەتلەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى پاك قىزنىڭ دادىسى ئۇنى «خۇدانىڭ يولىدا كۆپرەك

خىزمەت قىلسۇن» دەپ ياتلىق بولۇشقا يول قويمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما مۇنداق چۈشەنچىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايمىز. چۈنكى خۇدانىڭ يولىدا توي قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچكەن، ئۆزىنى قۇربانلىق قىلغۇچى، «ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇچى» كىشى بەربىر ئاتا ئەمەس، بەلكى قىز ۋە ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىت بولىدۇ! ئاتا بۇ ئىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن رەبنىڭ خىزمىتىدە تېخىمۇ «كۆڭلى بۆلۈنمىگەن ھالدا» بولۇشى ناتايىن. شۇڭا بىز يۇقىرىقىدەك تەرجىمە قىلدۇق. بەزى ئالىملار يەنە «(پاك) قىز» دېگەننى «تەنھالىق» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ تەرجىمىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار. بىراق ئاساسىي مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇكى، ئەر كىشى پاكى قىز رەبنىڭ خىزمىتىدە كۆپرەك بولاي دەپ توي قىلماسلىققا نىيەت قىلىشتىن ئىبارەت.

## 2:8 ««مېنىڭ بىلىمىم بار» دەپ ھېسابلىغان كىشى، ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى تېخى بىلىشكە تېگىشلىك دەرىجىدە بىلمىگەن بولىدۇ»

بۇ كىچىك ئايەت ئۈستىدە توختىلىش پايدىلىقتۇر؛ چۈنكى بۇ ئايەت مەكتۇپتىكى باشقا كۆپ ئايەتلەردەك، كۆزىمىز تېخى يەتمىگەن باشقا دۇنيالارنى كۆردىغان بىر دېرىزىنى ئاچىدۇ. پاۋلۇس رەب ئەيسادىن قالسىلا، خۇدانىڭ كالام-ۋەھىيلىرى ئەڭ كۆپ تاپشۇرۇلغان ئىنسان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ بايانىنى، پەقەت باشقىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ قارىتىپ ئېيتقان. ئۆزىدە شۇنچە كۆپ ۋەھىي ۋە ئىلىم-بىلىم بولغىنى بىلەن، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى، خالاس، دەيدۇ.

خۇدا بىزگە شۇنچە مول بىلىم ۋە ۋەھىيلەرنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭغا مىڭ تەشەككۈر ئېيتىمىز؛ ئەمما بىز بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىمىزكى، بىز ھەقىقەتتە پەقەت ئۇلۇغ ئوكيانىنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئۇنىڭ چوڭقۇر تەگلىرىگە چۆمۈشنى تېخى ھېچ باشلىمىدۇق. بىز ھەرگىز ئەخمەقلەرچە كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، خۇدا بىزگە شۇنداق بىر ئاڭنى بەرگەي!

## 1:10-12 «بېشارەتلىك ۋەقەلەر» ـ ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن چىقىپ، چۆل-باياۋاندىن ئۆتكەندىكى ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىشى

بۇ ساۋاقلار ۋە «بېشارەتلىك سۆرەتلەر»نى ئوبدانراق چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇرمەن تەۋرات «مىس.» 12-17-باب، 32-33-باب، «چۆل.» 11-، 20-، 21-بابلارنى ئاۋۋال ئوقۇسا كۆپ ياردىمى بولىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇھىم ئىشلارنى بىزگە سۆز بىلەن ئالدىنئالا كۆرسىتىدىغانلىقى تونۇلغان گەپ. ئەمما مۇشۇ يەردە پاۋلۇس بىزگە، خۇدا ئۆزى بەزى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېكىتكەنكى، بۇ ۋەقەلەر كەلگۈسى زامانلاردا تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىش-ۋەقەلەرنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدىغان بىرخىل «بېشارەتلىك سۆرەت» بولىدۇ، دەيدۇ. «ئەمدى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ (ئىسرائىللارنىڭ) بېشىغا بېشارەتلىك مىساللار سۈپىتىدە چۈشكەن ۋە ئاخىرقى زامانلار بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بىزلەرنىڭ ئۇلاردىن ساۋاق-ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن خاتىرىلەنگەندۇر».

پاۋلۇس ئىسرائىلنىڭ بېشىغا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ كېلىشىنىڭ توپ سەۋەبى، كەلگۈسىدىكى جامائەتنىڭ شۇلاردىن ساۋاق-ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈندۇر، دەيدۇ! «بېشارەتلىك سۆزلەر»نى بېرەلەيدىغان پەقەت خۇدا، ئەلۋەتتە؛ ئەمما «بېشارەتلىك ۋەقە»لەرنى يۈز بەرگۈزۈشىدە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى تېخىمۇ روشەن كۆرۈنگەن ئەمەسمۇ!

مۇسا ۋە ئىلياس پەيغەمبەرلەر رەب ئەيسانىڭ ئۆلۈمگە يېقىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن («مات.» 17-باب، «ماركۇس» 9-باب، «لۇقا» 9-باب)؛ ئۇلارنىڭ مۇزاكىرە قىلغان مۇھىم تېمىسى ئۇنىڭ ئۆلۈمى بولغان. شۇ يەردە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تەسۋىرلىگەن سۆز بولسا «چىقىش» ئىدى («لۇقا» 31:9). گرېك تىلدا «ئەكسودۇس» دېيىلىدۇ. بۇ ئالاھىدە سۆز تەۋراتتىكى «مىسىردىن چىقىش»نى كۆرسىتىدۇ. مانا ئۇ ئىسرائىلنىڭ مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، خۇدا بېكىتكەن يېڭى يېتەكچى (مۇسا) ئارقىلىق ئازادلىققا چىقىشىدىكى ۋەقەلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە بىر ئاچقۇچتۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەسىھدە بولغان تېخىمۇ ئۇلۇغ قۇتقۇزۇلۇشنى كۆرسەتكەن «بېشارەتلىك ۋەقە» بولىدۇ؛

بۇ ئىككىنچى «چىقىش» خۇدانىڭ خەلقىنىڭ مەسىھنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىسىردىن ئەمەس، بەلكى گۇناھ ۋە شەيتاننىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدىكى ئەركىن-ئازادلىققا چىقىشتىن ئىبارەت.

خۇدانىڭ «مىسىردىن چىقىش»تا يۇرگۈزگەن ئۈچ قۇتقۇزغۇچى ۋاستىسى مۇنداق: —

(ئا) قوزىنىڭ قېنى (پاۋلۇس مۇشۇ يەردە بۇ توغرۇلۇق توختالمايدۇ، ئەمما «1پېت.» 19:1نى كۆرۈڭ). («مىس.» 7:12، 13)

(ئە) كۈندۈزدە بۇلۇت، كېچىدە ئوت تۈۋرۈكى («مىس.» 13:21-22).

(ب) قىزىل دېڭىز؛ ئىسرائىل ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ قۇتقۇزۇلغان، مىسىرلىقلار ئۇنىڭدا غەرق بولغان («مىس.» 14-باب).

بۇ ئۈچ ۋاستە، شۈبھىسىزكى، تۆۋەندىكىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: —

(ئا) مەسىھنىڭ قېنى؛ (ئە) مۇقەددەس روھ؛ (ب) مەسىھنىڭ ئۆلۈمى. بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز «خۇدانىڭ قۇربانلىق قوزىسى» بولغان مەسىھنىڭ قېنى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن بىز قايتىدىن يېڭى ھاياتقا تۇغۇلىمىز؛ بۇ يېڭى ھاياتتا ئىنسانىنىڭ جېنىغا بولغان دۈشمەنلىرى، يەنى گۇناھ، ئىبلىس، جىنلار كۈچسىز قالدۇرۇلىدۇ. پىرەۋن قىزىل دېڭىز ئارقىلىق كۈچ-قوشۇنسىز قالدۇرۇلغان؛ مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق شەيتانمۇ ئېتىقادچىنى باشقۇرغۇدەك كۈچىدىن قالدۇرۇلىدۇ.

(10:1-2) «چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، مەن سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇلۇت ئاستىدا يۈرگەنلىكىدىن ۋە ھەممىسىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ماڭغانلىقىدىن خەۋەرسىز يۈرۈشۈڭلارنى خالىمايمەن؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇلۇتتا ھەم دېڭىزدا مۇسانىڭ يېتەكچىلىكىگە چۆمۈلدۈرۈلگەن...»

مانا بۇ «قايتىدىن تۇغۇلۇش»نى كۆرسىتىدىغان ۋە شۇنىڭدەك «سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش» ھەم «روھقا چۆمۈلدۈرۈلۈش»نىڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۈيۈك «بېشارەتلىك سۈرەت»تۇر. «چۆمۈلدۈرۈش» بولسا ھەردائىم زور كۈچلۈك بىر ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى؛ ئۇلار كونا قۇلدار زومىگەرنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ، خۇدانىڭ ئەھدىسىدە بېكىتىلگەن، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا يېڭى ھاياتقا چىقتى. ئىسرائىلنىڭ «دېڭىزغا چۆمۈلدۈرۈلۈش»ى بىزنىڭ مەسىھنىڭ

ئۆلۈمگە چۆمۈلدۈرۈلۈشىمىزنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بىز سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق ۋە خۇدانىڭ روھى (بۇلۇت ۋە ئوت)نىڭ ۋاستىسى ۋە چۆمۈلدۈرۈلۈشى بىلەن بىز شەيتاننىڭ ئىلىك-ئاسارەتلىرىدىن قۇتقۇزۇلۇپ خۇدانىڭ يېڭى ئەھدىسىدە بېكىتىلگەن مەسىھنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا يېڭى ھاياتقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا چىقىمىز.

«سىلەر بىلمەمسىلەر؟ ھەرقايسىمىز مەسىھ ئەيساغا كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلگەن بولساق، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىچىگە چۆمۈلدۈرۈلدۇق» («رىم.» 2:6).

( (4-3:10) «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش روھىي تائامنى يېگەن («ماننا» — («مىس.» 16-باب)، ھەممىسى ئوخشاش روھىي ئىچىملىكنى ئىچكەن؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئەگىشىپ يۈرگەن روھىي ئۇيۇلتاشتىن ئىچەتتى (ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ ئۇيۇلتاش مەسىھنىڭ ئۆزى ئىدى)».

(«مىس.» 1:17-7نى كۆرۈڭ). ئىسرائىل چۆل-باياۋاندا بولغان سەپەرلىرىدىمۇ جامائەتنى كۆرسىتىدىغان بىر سۈرەت ئىدى. بۇ سۈرەت بولسا جامائەتنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئۆز كالام-سۆزلىرى ۋە ئۇزۇلمەس ئالاقىسى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقىغا، مەسىھنىڭ ئۆزىدىن مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئىچىدىغانلىقىغا كۆچلۈك ئىپادە بولىدۇ («يۇھ.» 14:4، 35:6، 37:7-38، «1كور.» 13:12).

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇكى، ئىسرائىللاردا پەقەت ئۇلارنى يېتەكلەيدىغان «بۇلۇتلۇق، ئوتلۇق تۈۋرۈك»لا بولۇپ قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان، ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان «روھىي ئۇيۇلتاش»مۇ بار ئىدى!

(5:10) «شۇنداقتىمۇ، خۇدا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن رازى بولمىغانىدى؛ چۈنكى «ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى چۆل-باياۋاندا چېچىلىپ قالغان»».

گەرچە بۇنداق ئۇلۇغ قۇتقۇزۇلۇشلار ۋە چەكسىز تەمىنلەشلەر بولغان بولسىمۇ، شۇنداق خەتەرلەر يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇكى، ئىنسانلار مەنبەلەرنىڭ مەنبەسى بولغۇچىدىن تېنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن! تۆۋەندىكى مىساللاردا بۇ تەرەپلەر تەكىتلىنىدۇ: —

(6:10) «ئەمما بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ بېشىغا بىزلەرگە مىسال-بېشارەت بولسۇن ئۈچۈن چۈشكەندى؛ بۇنىڭدىن مەقسەت  بىزنىڭ ئۇلارنىڭ يامان ئىشلارغا ھەۋەس قىلغىنىدەك ھەۋەس قىلماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر».
(7:10) «سىلەر يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئوخشاش بۇتقا چوقۇندىغانلاردىن بولماڭلار؛ بۇلار توغرۇلۇق: «خەلق يەپ-ئىچىشكە ئولتۇردى، ئاندىن كەيپ-ساپاغا تۇردى» دەپ پۈتۈلگەن».
(«مىس.» 6:32)
(8) «بىز يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلغىنىدەك بۇزۇقچىلىق قىلمايلى؛ شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىن يىگىرمە ئۈچ مىڭ كىشى بىر كۈندىلا ئۆلدى».
(بۇ ۋەقە «چۆل.» 5:21-9دە خاتىرىلىنىدۇ)
(9) «يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەسىھنى سىنىغىنىدەك ئۇنى سىنىمايلى؛ شۇ سەۋەبتىن ئۇلار يىلانلارنىڭ چېقىشى بىلەن ھالاك بولدى».
(«چۆل.» 5:21-9)
(10) «يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاغرىنغاندەك ئاغرىنىپ قاقشىماڭلار — نەتىجىدە، ئۇلار جان ئالغۇچى پەرىشتە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى».
(«چۆل.» 41:16-50)
(11-12) «ئەمدى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بېشىغا بېشارەتلىك مىساللار سۈپىتىدە چۈشكەن ۋە ئاخىرقى زامانلار بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بىزلەرنىڭ ئۇلاردىن ساۋاق-ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن خاتىرىلەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن «مەن ئېتىقادتا چىڭ تۇرىمەن» دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن ھېزى بولسۇن!».

## يەپ-ئىچىشكە باغلىق پرىنسىپلار (10:25-11:1)

ئىنجىلدا يەپ-ئىچىشىمىزدە خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈلسۇن دەپ بىرنەچچە پرىنسىپلار بىزگە تاپشۇرۇلغان. ئۇلاردىن ئۈچىنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلىسەك پايدىسى بولۇپ قالار.

## پرىنسىپ (1): ـ ئېتىقاد ۋە ئەركىنلىك

ئەگەر ئىمان-ئىشەنچ بىلەن خۇداغا تەشەككۇر ئېيتساق، ھەرقانداق تائاملارنى يېگىلى بولىدۇ.

(26ـ25:10) «گۆش بازىرىدا سېتىلغان ھەربىرنەرسىنى ۋىجدانىڭلارنى دەپ ئۇلتۇرماي، ھېچنېمىنى سۈرۈشتە قىلماي يەۋېرىڭلار. چۈنكى «جاھان ۋە ئۇنىڭغا تولغان ھەممە مەۋجۇداتلار پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر» دەپ پۈتۈلگەن».

«مار.» 7:14ـ23دە رەب ئەيسا ئىنساننى نېمە ئىشلارنىڭ بۇلغايدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئىشلارنىڭ بۇلغىمايدىغانلىقىنى كېسىپ بايان قىلدى: —

«ئاندىن ئەيسا خالايىقنى يەنە يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا:

— ھەممىڭلار ماڭا قۇلاق سېلىڭلار ۋە شۇنى چۈشىنىڭلاركى، ئىنساننىڭ سىرتىدىن ئىچىگە كىرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھېچقاندىقى ئۇنى ناپاك قىلمايدۇ، بەلكى ئۆز ئىچىدىن چىقىدىغان نەرسىلەر بولسا، ئۇلار ئىنساننى ناپاك قىلىدۇ. ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن!

— دېدى.

ئۇ خالايىقتىن ئايرىلىپ ئۆيگە كىرگەندە، مۇخلىسلىرى ئۇنىڭدىن بۇ تەمسىل ھەققىدە سورىدى. ئۇ ئۇلارغا:

— سىلەرمۇ تېخىچە چۈشەنمەي يۈرۈۋاتامسىلەر؟! سىرتتىن ئىنساننىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇنى ناپاك قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەيۋاتامسىلەر؟ سىرتتىن كىرگەن نەرسە ئىنساننىڭ قەلبىگە ئەمەس، ئاشقازىنىغا كىرىدۇ، ئاندىن ئۇ يەردىن تەرەت بولۇپ تاشلىنىدۇ،

— دېدى (ئۇ بۇ گەپنى دېيىش بىلەن، ھەممە يېمەكلىكلەرنى ھالال قىلىۋەتتى).

ئۇ يەنە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىدىغىنىلا، ئىنساننى ناپاك قىلىدۇ. چۈنكى شۇلار ـ يامان نىيەتلەر، جىنسىي بۇزۇقچىلىقلار، زىناخورلۇق،

قاتىللىق، ئوغرىلىق، ئاچكۆزلۈك، رەزىللىكلەر، ئالدامچىلىق، شەھۋانىيلىق، ھەسەتخورلۇق، تىل-ئاھانەت، تەكەببۇرلۇق ۋە ھاماقەتلىكلەر ئىنساننىڭ ئىچىدىن، يەنى ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىدۇ ــ بۇ رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ئۆزىنى ناپاك قىلىدۇ»

مەسىھ ئەيسا مۇشۇ سۆزنى قىلغاندىن باشلاپ، ھەرقانداق ئىشەنگۈچى، يەھۇدىي بولسۇن، «يات ئەللەر»دىن بولسۇن، ئۇلاردىن مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇننىڭ تائام پەرھىزلىرى (مەسىلەن ئات، چوشقا، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنى ھارام ھېسابلاش) گە بويسۇنۇش تەلەپ قىلىنغان ئەمەس.

بۇ پرىنسىپ روسۇل پاۋلۇس تەرىپىدىن قايتىلىنىدۇ، مەسىلەن «رىم.» 14:14دە: «رەببىمىز ئەيسادا بولغانلىقىمدىن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەندۈرۈلۈپ بىلىمەنكى، ھەرقانداق نەرسە ئۆزلىكىدىن ھارام ئەمەستۇر؛ لېكىن بىر نەرسىنى ھارام دەپ قارىغان كىشى ئۈچۈن، ئۇ ئۇنىڭغا ھارامدۇر...».

يەنە «رىم.» 22:14-23دە: «سېنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ ئەمدى بۇ ئىشەنچ خۇدا بىلەن سېنىڭ ئاراڭدىكى ئىشتۇر. ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى توغرا دەپ قارىغان، شۇنىڭدىن ۋىجدانىمۇ ئەيىبكە بۇيرۇلمىغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك-ھە! لېكىن يېمەكلىكتىن گۇمانلىنىپ تۇرۇپ يەنە شۇنى يېگەن كىشى ئەيىبكە بۇيرۇلىدۇ، چۈنكى بۇنى ئىشەنچ بىلەن يېمىگەن. ئىشەنچتىن بولمىغان ھەرقانداق ئىش گۇناھتۇر»

«1تىم» 4-بابتىن: «چۈنكى خۇدا ياراتقان ھەممە نەرسە ياخشىدۇر، ئۇلار تەشەككۇر بىلەن قوبۇل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەكلەپ رەت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ سۆزى ۋە ئىنسانلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ھالال قىلىنىدۇ. بۇ نەسىھەتلەرنى قېرىنداشلارنىڭ سەمىگە سالساڭ، مەسىھ ئەيسانىڭ ياخشى خىزمەتكارى بولغان بولىسەن. شۇنداقلا، ئۆزۈڭنىڭ ئەستايىدىل ئەگەشكەن ئېتىقادتىكى ۋە ساغلام تەلىملەردىكى سۆزلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇرۇلگەنلىكىڭ ئايان بولىدۇ... بۇ ئىشلارنى جامائەتكە تاپىلىغىن ۋە ئۆگەتكىن» (4-6، 11).

## پرىنسىپ(2): - ئېتىقادتا ئاجىز بولغانلارغا كۆيۈنۈش

ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەرقانداق تائاملارنى يېيىشكە ئەركىنلىكى بولغىنى بىلەن، باشقا ئىشلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشلارنى روسۇل پاۋلۇس «رىملىقلارغا» 14-بابتا ۋە بۇ خەتتىكى 8-بابتا كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى يەكۈنلىسەك، خالىغان تائاملارنى يېيىشكە ئەركىن بولدۇق دەپ ئىشەنسەكمۇ، باشقا ئىشەنگۈچىلەرگە ھەرىكەتلىرىمىز تۈپەيلىدىن ئازار بېرىپ قويغۇدەك ياكى ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاجىز قىلىپ قويغۇدەك بولساق، بىز شۇ قېرىنداشىمىزغا ئازغىنە مېھىر-مۇھەببىتىمىز بولسىلا ئۇ تاماقنى يېمەسلىكىمىز كېرەك.

چۈشىنىشىمىز كېرەككى، «ئېتىقادتا ئاجىز بولغانلار» بولسا بەزىدە ئەڭ ئەتايىن كۈچلۈك پىكىردە، مەسىلەن، نېمە نەرسىلەرنى ئىچكىلى ياكى يېگىلى بولىدۇ دېگەن كۈچلۈك پىكىردە بولۇشىمۇ مۇمكىن! «چوشقا گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ» دېگەن بىرسى بىزنىڭ جامائىتىمىزگە قاتناشقان بولسا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چوشقا گۆشىنى يېسەك، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق سۇ سەپكەن بولىمىز، ئۇنداقتا بىزدە قانداقمۇ مۇھەببەت بار دېگىلى بولسۇن؟ ھەرقانداق مېھمانلار داستىخىنىمىزدا خاتىرجەم ئولتۇرسۇن دەپ ئۆيىمىزدە مۇسۇلمانچە تائاملار توغرۇلۇق بولغان پەرھىزلەرنى تۇتساق بىزگە نېمە زىيان كېلىدۇ؟ بىرسىنىڭ (ئىشەنگۈچى بولسۇن، بولمىسۇن) شاراب ئىچىشكە خۇمارى بولغان، شۇنىڭدەك مەست بولۇشقا ئاسانلا ئازدۇرۇلىدىغان بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ ئالدىدا شاراب ئىچىش پۈتۈنلەي ئەقىلسىزلىك ھەم ئۇنىڭغا قىلىنغان دۈشمەنلىكتۇر؛ چۈنكى ئۇنداق كىشى ئىشەنگۈچىنىڭ شاراب ئىچكەنلىكىنى كۆرسە بۇ ئىش ئۇنى ھاراق ئىچىشكە ئاداشتۇرۇشى مۇمكىن.

## پرىنسىپ (3): - ئىشەنمىگەنلەرگە، شۇنىڭدەك جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش

«ئەمما ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ بىرەرسى سىزنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلسا ۋە كۆڭلۈڭ تارتسا، ئالدىڭغا قويۇلغان ھەممىنى ۋىجدانىڭنى دەپ ئولتۇرماي يەۋەر؛ ئەمما بىرسى ساڭا: «بۇ بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىق تائامى» دېسە، ئۇنداقتا ئۇنى يېمە؛ نېمىشقا دېسەك، بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتقان ئادەمنىڭ

سەۋەبى ئۈچۈن، شۇنداقلا ۋىجداننىڭ سەۋەبى ئۈچۈندۇر؛ مەن دېگەن ۋىجدان سىنىڭكى ئەمەس، بەلكى ھېلىقى كىشىنىڭ ۋىجدانى؛ مېنىڭ ئەركىنلىكىمگە باشقىلارنىڭ ۋىجدانى تەرىپىدىن يامان دەپ باھا بېرىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن تەشەككۈر ئېيتىپ يېسەم، تەشەككۈر ئېيتقان نەرسىنى دۇرۇس يېگىنىم تۈپەيلىدىن يامان دەپ قارىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟» (27:10-30).

28-ئايەتتە سوئال سورىغان كىشى، ئەگەر ئېتىقادچى دوستىنىڭ «بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىق تائامى»نى يەۋەرگىنىنى كۆرسە، ھەرخىل خىيالدا بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن:

—

(1) بۇ ئادەم ئۆز ئېتىقادىغا نىسبەتەن سەممىي ئەمەس؛

(2) بۇ ئادەم ئېتىقاد قىلغان مەسىھ مېنىڭ جاپا تارتىشىمغا ئەرزىمەيدۇ؛

(3) بۇ ئادەم ئېتىقاد قىلغان مەسىھ ھەرخىل بۇتلارغا چوقۇنۇشقىمۇ يول قويىدىكەن.

مېھىر-مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدىن (باشقىلاردىن قورقۇش سەۋەبىدىن ئەمەس) بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقىمىزغىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزگە قانداق قارايدىغانلىقى، ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ مەسىھ توغرۇلۇق نېمە ئويلايدىغانلىقىغا كۆڭۈل قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىرسى: «مەسىھگە ئىشەنگەن كىشىلەر موللا دۇئا قىلغان تاماقنى يېمەسلىكى كېرەك» دەپ ئويلىغان بولسا مەسىھگە ئىشەنگەن كىشى ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن يېمەسلىكى كېرەك؛ تاكى بىرىنچى كىشى موللىنىڭ دۇئاسىنىڭ گۆشكە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگۈچە، يېۋېرمەسلىكىمىزگە توغرا كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا سوفىلار ئارىسىدا «مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلغۇچى تائام» دەيدىغان بىرخىل ئالاھىدە تائامغا خۇراپىيلارچە ئىشەنگەنلەر بار؛ بىزگە نىسبەتەن ئۇ پەقەت تاماق خالاس، بىراق شۇنداق كىشىلەر ئالدىدا شۇ تاماقنى يېسەك، ئۇلار «مانا، مەسىھگە ئىشەنگەن كىشىلەرمۇ بۇ تاماققا ئىشىنىدىكەن» دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

بارلىق ئىشلاردا بىزنىڭ تۈرتكىمىز باشقىلارغا «مەلۇم تائامنى يېيىش ياكى يېمەسلىكنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان»لىقىنى ئېنىق

چۈشەندۈرۈش ئۇچۇن بولۇشى كېرەك، ئۇلار ئەكسىچە بارلىق ھەربىكەتلىرىمىز ئارقىلىق شۇنى چۈشەنسۇنكى، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى بىردىنبىر ئۆزگەرتكۈچى مەسىھ ئەيسادۇر!

## 16-1:11 «باشنى يېپىش» ۋە «باشلىق» توغرۇلۇق

مۇشۇ يەردە بۇ بابتىكى پەقەت بىرنەچچە ئايەت ئۈستىدە توختىلىمىز. مۇشۇ قىسىمنى ئوقۇغان بەزىلەر بەلكىم پۈتۈنلەي خاتالىشىپ: «پاۋلۇس ئەر كىشى ئايالدىن ئەۋزەل دەپ تەلىم بېرىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئۇنداق ئوي-خىياللار بىزنىڭ خۇدانىڭ ئوي-نىيەتلىرىگە شۇنچە ئاز چۈمگەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىھنىڭ روسۇللىرى بىر قېتىم ئۆزئارا ئارىمىزدا قايسى ئەڭ ئۇلۇغ دەپ تالاش-تارتىش قىلىشقىنىدا، ئەيسا ئۇلاردىن: «كىم مەرتىۋىلىك؟ داستىخاندا ئولتۇرغىنىمۇ ياكى ئۇنى كۈتكىنىمۇ؟» — دەپ سورايدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خىزمەتكارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (لۇقا 22:24-27): — «ئەللەردىكى پادىشاھلار قول ئاستىدىكى خەلق ئۈستىدىن بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئىدارە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھوقۇقدارلىرى «خەلقپەرۋەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بىراق سىلەر شۇنداق بولماڭلار؛ بەلكى ئاراڭلاردىكى ئەڭ مەرتىۋىلىكى ئۆزىنى ئەڭ كىچىكىدەك ھېسابلىسۇن ۋە يېتەكچى بولغانلار ھەممەيلەنگە خىزمەتكاردەك بولسۇن. زادى كىم مەرتىۋىلىك؟ داستىخاندا ئولتۇرغانمۇ ياكى داستىخاندىكى كۈتكۈچىمۇ؟ داستىخاندا ئولتۇرغىنى ئەمەسمۇ؟ بىراق مەن بولسام ئاراڭلاردا خىزمىتىڭلاردا بولغۇچى كۈتكۈچىدەكتۇرمەن».

گەپ شۇكى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا «ئۈستۈنلۈك»نى ياكى «ئۇلۇغلۇق»نى ئۆلچىگىلى بولسا (ۋە ئۇنداق «ئۆلچەش»نىڭ قانداقتۇر بىر مەنىسى بار بولسا) ئۇنداقتا ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشتىكى ئىقتىدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ؛ دەرۋەقە، بىزنىڭ «ئۈستۈنلۈك» ياكى «ئۇلۇغلۇق» دېگەن ئىشلار بىلەن كارىمىز بولماسلىقى كېرەك («مات.» 18:1-6نىمۇ كۆرۈڭ). شۇنىڭدەك ئەر كىشىنىڭ ئۆز ئايالىغا ياكى جامائەتتە ئەركەك قېرىنداشلارنىڭ قىز-ئايال قېرىنداشلارغا «باش» بولۇشى، ئۇلارغا زۇلمەت-مۇستەبىتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس؛ بەلكى مەسىھ ئۆزى جامائەتكە قانداق «باش»

بولغان بولسا (يەنى، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، سۆيۈپ ئۇنىڭدىن دائىم خەۋەر ئالىدىغان)، ئەر كىشىلەرمۇ ئۆزىگە تايىنىدىغان (جامائەتتە بولسۇن، ئائىلىدە بولسۇن) قىز-ئاياللارغا، بولۇپمۇ ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك («ئەف.» 5:28-29). پېترۇسنىڭ بىرىنچى مەكتۇپىدا جامائەتتىكى ھەممەيلەننى «ھەممىڭلار بىر-بىرىڭلارغا نىسبەتەن كىچىك پېئىللىقنى كىيىمدەك كىيگۈزۈڭلار» دەپ دەۋەت قىلىدۇ («1پېت.» 5:5).

مۇشۇ يەردە ھېچقانداق «ئۈستۈنلۈك-تۆۋەنلىك» يوق. دەرھەقىقەت، پاۋلۇس بۇ يەردە مۇشۇنداق «ئۈستۈنلۈك-تۆۋەنلىك» خىياللىرىنى يوقاتماقچى بولۇپ: «ھالبۇكى، رەبدە ئايال ئەرسىز بولماس، ئەر ئايالسىز بولماس»، دەيدۇ (11) — خۇدانىڭ بىكىتكىنى بويىچە ئەرلەر ۋە قىز-ئاياللار بىر-بىرىگە تايىنىشى كېرەك. دەرھەقىقەت، «گال.» 3:28دە مۇنداق دېيىلىدۇ: —

«مەسىھدە نە يەھۇدىي بولمايدۇ نە يەھۇدىي ئەمەسلەر دەپ ئايرىلىش بولمايدۇ، نە قۇل بولمايدۇ نە ھۆر دەپ ئايرىلىشمۇ بولمايدۇ، نە ئەر بولمايدۇ نە ئايال بولمايدۇ، ھەممىڭلار مەسىھ ئەيسادا بىر بولىسىلەر»

— بۇ مۇھىم ھەقىقەتكە قارىغاندا خۇدا ئالدىدا روھ تەرىپىدە ئەر-ئايال ئارىسىدا ھېچ مەڭگۈلۈك پەرق يوق (دېمەك، ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ روھى دەپ پەرقلەنمەيدۇ). ئەمما جان ۋە تەن تەرەپلەردە پەرق مەۋجۇت بولىدۇ. مانا شۇنداق بولغاچقا، ئەر كىشىلەر ھەم ئايال كىشىلەرنىڭ ھەرقايسىسى خۇدا تاپشۇرغان ئورۇن ۋە رولنى چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ، تەشەككۈر قىلىپ قوبۇل قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ۋە ئايال ئوتتۇرسىدىكى ئەمەلىي پەرق جامائەتتە ئىبادەت ياكى دۇئا قىلغاندا، باش يېپىنىشى ياكى ياپماسلىقى بىلەن كۆرسىتىلىدۇ: —

«ئەر كىشى بولسا بېشىنى ياپماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى ۋە شان-شەرىپىدۇر؛ ئەمما ئايال كىشى بولسا ئەرنىڭ شان-شەرىپىدۇر».

يەھۇدىي ئەرلەر ئادەتتە سىناگوگلاردا ۋە مۇسۇلمان ئەرلەر مەسچىتلەردە دۇئا قىلغاۋاتقاندا بېشىنى ياپىدۇ؛ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ ئادەتتە كۆرسىتىدىغان سەۋەبى، ئىنسان گۇناھكار بولۇپ، باشنىڭ ياپقۇچى (مەيلى قانداقلا شەكىلدە بولسۇن) خۇدا ۋە ئىنسان ئارىسىدا گۇناھنىڭ توسالغۇسى بار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە بىر

سىمۋول بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمما مەسىھدە بولسا، مۇشۇ «گۇناھنىڭ تۇسالغۇسى»نى ئېلىپ تاشلاشقا، خۇدا بىلەن ئوچۇق ئالاقىدە بولۇشقا شەرەپلىك ئىمكانىيەت باردۇر. مۇشۇنداق ئالاقە ئورنىتىلغاندا ئىنساننىڭ (ئەر ياكى ئايال كىشىنىڭ بولسۇن) يۈزى خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى بارغانسېرى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ يۈزىنى زادىلا ياپماسلىق كېرەك («2كور.» 4:4-18). لېكىن ئايال كىشىلەر «ئەرنىڭ شان-شەرىپى» بولۇشقا يارىتىلغان (7)؛ ئۇلارنىڭ بۇ شان-شەرىپى ئايالنىڭ چاچلىرىدا ئالاھىدە كۆرۈلىدۇ (15). شۇڭا جامائەتتە بولسا ئىنساننىڭ (ئايالنىڭ چاچلىرىدا ئىپادىلەنگەن) شان-شەرىپىنى يېپىپ، خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىلا روشەن كۆرۈلسۇن ئۈچۈن ئىنتىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئەر كىشى بېشىنى ياپماسلىقى كېرەك، ئەمما قىز-ئاياللار (جامائەتتە) بېشىنى، يەنى چاچلىرىنىڭ جامال-شەرىپىنى يېپىش ئۈچۈن باشقا ياغلىق قاتارلىقلارنى ئارتىشقا توغرا كېلىدۇ.

10-ئايەت سەل سىرلىقتۇر: —

## 10-ئايەت: - «پەرىشتىلەرنىڭ سەۋەبىدىن»

«بۇ سەۋەبتىن، ھەم پەرىشتىلەرنىڭ سەۋەبىدىن، ئايال كىشى بېشىدا ھوقۇقنىڭ بەلگىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك».

بىز بۇ ئايەتنىڭ شەرھىنى ئاددىي دەپ قارايمىز. پەرىشتىلەر جامائەتتە خۇدانىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى بىلىشكە ئالاھىدە قىزىقىپ قارىغاچقا، جامائەت ئۇلارنىڭ (پەرىشتىلەرنىڭ) خۇدانىڭ بېكىتكەن تەرتىپىنى خۇشاللىقتا قوبۇل قىلىشىغا بىرىنچى بولۇپ ئۈلگە نەمۇنە بولۇشى كېرەك. چۈنكى چۈشىنىشىمىزچە شەيتان ۋە ئۇنىڭ جىنلىرى ئەسلىدە پەرىشتىلەر بولۇپ، دەسلىپىدە خۇدانىڭ تەرتىپىگە ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئىمانسىزلىق بىلەن قارشى چىققاندى («يەش.» 12:14-15، «ئەز.» 11:28-19، «ۋەھ.» 3:12). گەرچە پەرىشتىلەر ئىنسانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرىنى كۆرەلەيدۇ دەپ ئويلاشقا ھېچ ئىسپات-دەلىلىمىز يوق. شۇڭا جامائەتتىكى ئايال قېرىنداشلار ئەر قېرىنداشلارغا قەلبىدە بويسۇنغان بولسىمۇ (ۋە قەلبىدە بويسۇنۇش بەربىر بويسۇنۇشنىڭ بەلگىسىنى ئارتىشتىن مۇھىم، ئەلۋەتتە)،

بەربىر پەرىشتىلەر بۇ بويسۇنۇشنىڭ بەلگىسىنى («ھوقۇقى»)نى كۆرۈشنى خالايدۇ (10).

شەيتان ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم پەرىشتىلەر ئايال كىشىلەرنىڭ ساھىبجامالliقىنى كۆرۈپ ئادىشىپ كەتتى، دەپ ئىشىنىمىز («يار.» 2:6-4). شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرىشتىلىك مەرتىۋىسىنى تاشلاپ ئاياللارغا يېقىنلىشىپ ئۇلارغا چېقىلىش ئۈچۈن نامەلۇم يولدا جىسىم شەكلىگە كىردى. ئىنجىلدىكى ۋەھيي بويىچە، مۇشۇ پەرىشتىلەر سوراق قىلىنغۇچە قاماپ قويۇلدۇ («2پېت.» 4:2، «يەھ.» 6-7نىمۇ كۆرۈڭ). ئۇلارغا بېرىلگەن جازا ئىسيان كۆتۈرگەن جىنلارنىڭكىدىن ئېغىر بولدى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئىنتائىتىسىزلىك گۇناھى بىلەن خۇدانىڭ جازاسىغا (بىرىنچى، شەيتان ئاسىيلىق قىلغاندا ئۇنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن جازا، ئىككىنچى، ئادەم ۋە ھاۋانىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن جازا، ئۈچىنچى، قابىلنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن جازا) ئۇچرىغانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئەمما كىم بىلسۇن، باشقا پەرىشتىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلىش مۇمكىنچىلىكى تېخى مەۋجۇتمىكىن، شۇڭا روسۇل جامائەتكە، ئىبادەت سورۇنلىرىدا قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ ساھىبجاماللىقىدىكى گۈزەل بولغان چاچلىرى يېپىلسۇن، دەپ تاپىلايدۇ.

مۇشۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتەيلىكى، چاچلىرى يېپىلغان بولسا قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ جامائەتتىكى ئىبادەت سورۇنلىرىدا دۇئا قىلىش ۋە بېشارەت بېرىشتىكى نېسىۋىسى باردۇر (5-ئايەت).

مۇشۇ يەردىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، ھازىرقى زاماندىكى كۆپ جامائەتلەر رەبنىڭ بۇ تاپشۇرۇقىغا سەل قاراپ ئەمەل قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىز-ئايال قېرىنداشلار جامائەتتە چاچلىرىنى ياپمايدۇ؛ ئەمما بۇنداق قىلىش خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەس، بەلكى پەقەت يەرلىك ياكى «زامانىۋىي» ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ قېلىپىغا كىرىش، خالاس. ھالبۇكى، روسۇلنىڭ بۇ قىسمىنىڭ ئاخىرىدا دېگىنىدەك، بۇ ئىشنى جەڭگى-جېدەلگە ئايلاندۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ پەقەت كىمدىكىم ئۇنىڭغا سەل قارىسا، خۇدا بۇ ئىشنى سورايدۇ دەيمىز: —

«بىرسىنىڭ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلغۇسى بولسا، شۇنى بىلسۇنكى، بىزلەردە ھەم خۇدانىڭ جامائەتلىرىدىمۇ شۇلاردىن باشقا ھېچ قائىدىلەر يوقتۇر» (16).

## 8:12-10 «روھىي ئىلتىپات» توغرۇلۇق

بۇ قىسىم شۈبھىسىزكى، مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىنتايىن قىزىق نۇقتىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ يەردە توققۇز خىل ئىلتىپات تىلغا ئېلىنىدۇ؛ ئەمما بۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل ئىلتىپاتلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ؛ بۇ توققۇز خىل ئىلتىپات ھەممە روھىي ئىلتىپاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىمايمىز.

بىرىنچىدىن، بۇ توققۇز خىل ئىلتىپاتنى ماھىيەت ۋە فۇنكسىيە جەھەتلىرىدىن بىر-بىرلەپ كۆرەيلى: —

«چۈنكى روھ ئارقىلىق بىرسىگە دانالىق يەتكۈزىدىغان سۆز، باشقا بىرسىگە ئوخشاش بىر روھ بىلەن خەۋەر يەتكۈزىدىغان سۆز تەقسىم قىلىنىدۇ؛ ئوخشاش روھ ئارقىلىق باشقا بىرسىگە ئالاھىدە ئىشەنچ، يەنە بىرىگە ئوخشاش روھ ئارقىلىق كېسەللەرنى ساقايتىش ئىلتىپاتلىرى، بىراۋغا مۆجىزىلەرنى يارىتىش تەقسىم قىلىنىدۇ؛ بىراۋغا ۋەھىي-بېشارەت بېرىش؛ بىراۋغا ھەرخىل روھلارنى پەرق ئېتىش، بىراۋغا نامەلۇم تىللاردا سۆزلەش، يەنە بىراۋغا نامەلۇم تىللارنى تەرجىمە قىلىش ئىلتىپاتى تەقسىم قىلىنىدۇ» (8:12-10).

«دانالىق يەتكۈزىدىغان سۆز»

دانالىق ھەردائىم نېمە قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلىگە باغلىقتۇر؛ شۇڭا بۇ ئىلتىپات ئالاھىدە موھتاجلىقتا ئالاھىدە ئەقىل تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭغا مىساللارنى تەۋرات «2سام.» 17:5-25، ئىنجىل «روس.» 24:6دىن كۆرۈڭ.

«خەۋەر يەتكۈزىدىغان سۆز»

خۇدادىن بىۋاستە كەلگەن ئالاھىدە خەۋەر ياكى مەلۇمات يەتكۈزىدىغان ئىلتىپات. بۇنىڭغا مىساللارنى تەۋرات «2پاد.» 8:6-12، ئىنجىل «يۇھ.» 14:4-19، «روس.» 1:5-5، 11:21دىن كۆرۈڭ.

«(ئالاھىدە) ئىشەنچ»

ھەممىمىزدە ھەرۋاقىتتا ئىشەنچ-ئىمان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمما «ئىشەنچ» ئىلتىپاتى بولسا ئالاھىدە موھتاجلىقتا ياكى ئالاھىدە ئەھۋالدا «پارتلاش خاراكتېرلىك» ھالدا خۇدادىن كېلىدىغان ئالاھىدە «بىر ئۇلۇش» ئىشەنچتۇر؛ شۇنىڭ بىلەن خۇدادىن تىلىگەن ئىشقا بۇ ئىلتىپات تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ ئىشەنچى كامىل بولىدۇ.

بۇنىڭغا مىساللارنى تەۋرات «1پاد.» 20:12-13، «2پاد.» 17:6-16، ئىنجىل «روس.» 3:1-16 (بولۇپمۇ 16-ئايەت)؛ ۋە رەب ئەيسانىڭ خىزمىتىدىكى نۇرغۇنلىقان ۋەقەلەردە، مەسىلەن «لۇقا» 7:11-17دىن كۆرۈڭ.

«(كېسەللەرنى) ساقايتىش ئىلتىپاتلىرى»

رەب ئەيسانىڭ خىزمىتىدىن ۋە «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىن نۇرغۇن مىساللار تېپىلىدۇ، ئەلۋەتتە. دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، مۇشۇ يەردە «ئىلتىپات» كۆپلۈك شەكلىدە، يەنى «ئىلتىپاتلار» دېگەن شەكلىدە ۋە شۇنىڭدەك «ساقايتىش» دېگەن سۆزمۇ كۆپلۈك شەكلىدە، يەنى «ساقايتىشلار» دېيىلىدۇ. دېمەك، خۇدانىڭ ئادەمنى ساقايتىشىدا نۇرغۇن يول-تەرىقىلىرى بار؛ بەزى ۋاقىتلاردا بىر دەقىقىدىلا شىپالىق بېرىدۇ («مار.» 46:10-52)، گاھى ۋاقىتلاردا تەدرىجىي («مار.» 22:8-26)، بەزى چاغلاردا ۋاستىلەر ئارقىلىق («روس.» 11:19-12)، بەزىدە ۋاستىسىز؛ بەزى ۋاقىتلادا ساقايتىلغۇچىدىن ئىشەنچ تەلەپ قىلىدىغان («مات.» 27:9-30)، بەزىدە ساقايتىلغۇچىدىن ئىشەنچ تەلەپ قىلمايدىغان («يۇھ.» 1:5-9)، بەزىدە ھەتتا خۇدانىڭ ساقايتقۇچىسىدا ئاشلىق ئىشەنچ بولمىغان ھالدا ساقايتىلغانلارمۇ بار («مات.» 19:9-22).

«مۆجىزىلەرنى يارىتىش (ئىلتىپاتى)»

بۇنىڭغا مىساللارنى تەۋرات «1پاد.» 17:18-29، «1پاد.» 1:8، 19:2-22، 4:5-6، ئىنجىل «مات.» 19:21-22، «روس.» 5:13-12دىن كۆرۈڭ.

«ۋەھىي-بېشارەت بېرىش (پەيغەمبەرلىك سۆز (ئىلتىپاتى)»

مۇشۇ ئىلتىپات توغرۇلۇق كۆپرەك توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىنجىل، يەنى يېڭى ئەھدىدىكى دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى يەھۇدىي خەلقىگە، شۇنداقلا بىزلەرگە كۆرسەتىدىغان كارامەت-ئالامەتلەرنىڭ بىرى تۆۋەندىكىچە: —

«ھەم كېيىن، مەن ئۆز روھىمنى بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئۈستىگە قۇيىمەن؛

سىلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىڭلار بېشارەت بېرىدۇ،

قېرىلىرىڭلار ئالامەت چۈشلەرنى كۆرىدۇ،

يىگىتلىرىڭلار غايىبانە ئالامەت كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىدۇ» (تەۋرات، «يو.» 28:2، 29).

روسۇل پېترۇس «ئىنجىل دەۋرى يېتىپ كەلدى» دەپ جاكارلىغىنىدا بۇ سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ («روس.» 2:17-18). بۇ سۆزلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى بىز «روس.» 1:19-6، 8:21-9دە، ھەم روسۇل پاۋلۇسنىڭ مۇشۇ يەردىكى سۆزلىرىدە كۆرىمىز. ئۇنىڭ ئۇ ئايەتلەردە دېگەنلىرىگە قارىغاندا، بۇ ئىلتىپاتلار ئاسىيادىكى بارلىق جامائەتلەردە ئايان قىلىنماقتا ئىدى.

14-بابقا قارىغاندا جامائەت سورۇنلىرىدا «ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزۈش» («پەيغەمبەرلىك سۆز قىلىش») دېگەن ئىلتىپاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئەمەس، بەلكى «بېشارەت بېرىدىغان كىشى بولسا ئادەملەرنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇشقا، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ۋە تەسەللى بېرىشكە سۆزلەيدۇ» (3:14).

ئىبرانىي تىلىدا «بېشارەت بېرىش» «نابا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «نابا»نىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى «ئۇرغۇپ چىقىش»، «قايناپ چىقىش» ئىدى. دەۋر-دەۋرلەردىكى جامائەتلەر: «خۇدا ئارىمىزدا ئىستىخىيىلىك ھالدا «ئۇرغۇپ چىققان» سۆزلىرى بىلەن بىزگە دائىم رىغبەت بېرىپ كەلگەن» دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ كەلمەكتە. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا «ۋەھىي-بېشارەت بېرىش» ئىلتىپاتى، خۇدانىڭ ھەقىقەتلىرىنى «ھازىرنىڭ موھتاجلىقى ياكى ئەھۋالى»غا ئالاھىدە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت، دېگىلى بولىدۇ. پاۋلۇسنىڭ 25:14-26دىكى سۆزلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇ ئىلتىپاتنىڭ ھالقىلىق نۇقتىسى (تەۋرات دەۋرىدىكى «بېشارەت بېرىش»گە ئوخشىمايدىغان ھالدا) مەلۇم بىر شەخسنىڭ موھتاجلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى تۈگۈچ-چىگىشلىرى ياكى گۇناھ مەسىلىلىرى؛ بەزىدە بەلكىم مەلۇم بىر جامائەتنىڭ موھتاجلىقلىرى بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىلتىپاتنى «تار دائىرىدىكى

بېشارەت بېرىش» دېگىلى بولىدۇ. تەۋراتتىكى بېشارەتلەرنىڭ كۆلىمى بولسا ئادەتتە ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، كۆپىنچە پۈتكۈل ئەللەرنىڭ ياكى دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرلىرىنى نۇقتا قىلىدۇ. تەۋرات بېشارەتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تېمىسى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىدۇر. بۇنداق بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى «كەڭ كۆلەملىك» بېشارەتلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەۋراتتا ئالدىنئالا بېشارەت بېرىلگەن كۆپ ۋەقەلەر ئالللىقاچان يۈز بەرگەن؛ مەسىھ ئۆزى ئاخىرقى زامانلار توغرۇلۇق كۆپ بېشارەت بەردى. مۇشۇ بېشارەتلەر بىر قېتىملا ئېيتىلغان، شۇنداقلا تەۋرات-ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنى قايتىلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

يەنە تەكىتلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇكى، ئىنجىل دەۋرىدىكى «بېشارەت بېرىش» بىلەن «تەلىم بېرىش» خىزمىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ؛ «تەلىم بېرىش»نىڭ نىشانى بولسا تەۋرات-ئىنجىلنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ خۇدانىڭ پۈتكۈل پىلان-مۇددىئالىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەمر-نەسىھەتلىرىنى ئۆز نۆۋىتىدە يەتكۈزۈپ جامائەتنى زېرەكلەشتۈرۈش ۋە قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

تەۋراتتىكى بېشارەتلەر بىر قېتىملا بېرىلىش بىلەن «ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەن قۇسۇرسىز سۆزلەر» دەپ تونۇلۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرمۇ ئۇلاردىن پايدىلانسۇن دەپ تەۋراتتىكى كىتابلاردا بىر-بىرلەپ خاتىرىلەنگەن. جامائەتلەردە روھىي ئىلتىپات ئارقىلىق بېرىلگەن بېشارەتلەر ئەمدى بۇلارغا ئوخشىمايدۇ. پاۋلۇس ئۇلارنى خاتىرىلەش، «مۇقەددەس كىتابتىكى بېشارەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈش» توغرۇلۇق ھېچ تاپشۇرۇق بەرمەيدۇ؛ سەۋەبى، جامائەتتە بېرىلگەن بېشارەتلەر ئادەتتە ئايرىم جامائەتلەر ۋە ھەم ئۇلاردىكى شەخسلەر توغرۇلۇقتۇر. بەلكى جامائەتتە بېرىلگەن بېشارەتلەرنى مۇقەددەس كىتابلاردا ئالللىقاچان خاتىرىلەنگەن ھەممە بېشارەتلەر بىلەن ئۆلچەپ تەكشۈرۈش كېرەك بولار. «بېشارەت بېرىش» ئىلتىپاتى پات-پات ئۆزلىرىدە كۆرۈنگەن قېرىنداشلار ھەربىر بېشارەتنى «ۋەزنىنى دىتلاپ» ئۆلچىشى كېرەك (29)، ئەمما جامائەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىمۇ بېشارەتلەرنى «ۋەزنىنى دىتلاپ» ئۆلچەش مەجبۇرىيىتى بار. ئىنجىل، «1تېس.» 5:19-21نى كۆرۈڭ. بېشارەتلەرنى ئۆلچەشتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۆلچەم مۇقەددەس كىتابلاردۇر؛ جامائەتتە بولغان بېشارەتلەرنى مۇقەددەس كىتابلار بىلەن تەڭ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

جامائەتتە بىرسى بېشارەتلەرنى، جۈملىدىن «دانالىق يەتكۈزىدىغان سۆز» ۋە «خەۋەر

يەتكۈزىدىغان سۆز»لەرنى ئىزچىل ھالدا ۋە توغرىلىق بىلەن بېرىپ كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى (ئىنجىل دەۋرىدىكى) «بېشارەت بەرگۈچى»، «پەيغەمبەر» دېگىلى بولىدۇ (29:14؛ يەنە «روس.» 27:11، 1:13، 10:21، «ئەف.» 11:4نىمۇ كۆرۈڭ). بۇنداق چۈشەندۈرۈشىمىز ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەۋرات پەيغەمبەرلىرىنىڭكىگە ۋە ياكى رەب ئەيسانىڭ ئالاھىدە روسۇللىرىنىڭكىگە تەڭ-باراۋەر قىلىش ئەمەس.

بېشارەتلەرنى ئۈچ ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش كېرەك: —

(1) تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن خۇدانىڭ بارلىق سۆزلىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك؛

(2) بېشارەتتە مەلۇم بىر ئەھۋال ياكى كەلگۈسى ئىشلار توغرۇلۇق ئالاھىدە مەلۇمات بار بولسا، بۇ مەلۇمات توپ-توغرا بولۇشى كېرەك. خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بېشارەتلەر يۈز پىرسەنت توغرا بولۇشى كېرەك. «70% توغرا» بولغان بېشارەتنى «ئاز-پاز پايدىلىق» دېگىلىمۇ بولمايدۇ. — ئەكسىچە، ئۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بىرنەرسە — چۈنكى ئۇنىڭ قايسى يەرلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، قايسى يەرلىرىنى رەت قىلىش كېرەكلىكىنى قانداقمۇ بىلەلەيمىز؟!

«قان.» 22:18نى كۆرۈڭ: —

«بىر پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا سۆز قىلغان بولسا ۋە ئۇ بېشارەت قىلغان ئىش توغرا چىقمىسا ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا، ئۇنداقتا بۇ سۆزنى پەرۋەردىگاردىن چىقمىغان؛ شۇ پەيغەمبەر باشباشتاقلىق بىلەن سۆزلىگەن دەپ، ئۇنىڭدىن قورقما». تەۋرات دەۋرلىرىدە ئۇنداق كىشىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىش ئەمر قىلىنغان. جامائەتتە ئۇنداق قىلىنمايدۇ، ئەلۋەتتە، ئەمما بۇ ئەمرنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى بىزلەردە قالىدۇ. ساختا بىر بېشارەت بېرىلگەن بولسا، ئەمدى ئۇنى ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نەپسانىيەتچىلىكى، شۆھرەتپەرەسلىكى، ھارام نىيەتلىرى، مەنمەنچىلىكى، تەكەببۇرلۇقى، ئۆز بېشىمچىلىقى قاتارلىقلار «ئۆلۈمگە مەھكۇم» قىلىنىش كېرەك. ئۇ ئىزدەنسە مۇقەددەس روھ تېزلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كەمچىلىكىنى ئايان قىلىدۇ. بۇنداق «بېشارەت بەرگۈچى»نىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا سەۋەبىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلاردىن سەللىمازا تۇۋا قىلىشتۇر.

(3) «بېشارەت بەرگۈچى»نىڭ تۇرمۇش-ھاياتىدا مۇقەددەس روھتىن كەلگەن مېۋە بولۇشى كېرەك.

«قان.» 13:1-3نمۇ كۆرۈڭ: —

«ئەگەر ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر ياكى چۈش كۆرگۈچى چىقىپ، سىلەرگە مەلۇم بىر مۆجىزىلىك ئالامەت ياكى كارامەتنى كۆرسىتىپ بېرەي دېسە ۋە ئۇ سىلەرگە ئالدىنئالا دېگەن مۆجىزىلىك ئالامەت ياكى كارامەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئەمما شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك «باشقا ئىلاھلارغا (يەنى سىلەر تونۇمىغان ئىلاھلارغا) ئەگىشەيلى» ۋە «ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدا بولايلى» دېسە، سەن شۇ پەيغەمبەر ياكى چۈش كۆرگۈچىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالما؛ چۈنكى شۇ تاپتا پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرنىڭ ئۇنى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلارنى پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن جېنىڭلار بىلەن سۆيىدىغان-سۆيمەيدىغىنىڭلارنى بىلىش ئۈچۈن سىناۋاتقان بولىدۇ».

شەيتان خۇدانىڭ خەلقىنى ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ روھىي ئىلتىپاتلىرىنى دوراپ، «ساختا ئىلتىپاتلار»نى، جۈملىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بېشارەتلەرنى چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا بېشارەت بەرگۈچىلەرگە كېرەك بولغان ئۆلچەم بولسا: —

(ئا) مۇھەببەت، ھەققانىيلىق، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، سەۋر-تاقەتلىك ۋە پاك-مۇقەددەسلىك ئايان بولغان ئىخلاسمەن تۇرمۇش؛

(ئە) باشقىلارغا يەتكۈزگەن تەلىم-تەربىيىسى مۇقەددەس كىتابلارغا مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك.

بۇ ئالامەتلەر بولمىسا ئۇنىڭ «بېشارەت»لىرىنى (مەيلى ئۇلار قانچىلىك توپتوغرا كۆرۈنسۇن) نەزەرگە ئالماسلىق، ئادەمنىڭ ئوي-خىياللىرىدىن چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

<u>«(ھەرخىل) روھلارنى پەرق ئېتىش (ئىلتىپاتى)»</u>

بۇ ئىلتىپات بەلكىم پەقەت جىن چاپلاشقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياكى جىنلارنىڭ جامائەت ئىبادەت سورۇنلىرىغا كىرىۋېلىپ مۆمىن بەندىلەرگە ئالدامچىلىق قىلىدىغان ھىيلە-مىكىرلىرىنى پەرق ئېتىشى ئۈچۈنلا بولغان ئىلتىپات بولماستىن («رىم.» 16:16-18، «مات.» 4:9)، بەلكى يەنە مۇقەددەس روھنىڭ ئادەملەرنىڭ روھلىرىدا قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى، جۈملىدىن روھىي ئىلتىپاتلارنى بىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (مەسىلەن، «رىم.» 7:14-10دە خاتىرىلەنگەندەك پاۋلۇسنىڭ كىشىنىڭ ئىشەنچىنى كۆرۈپ يېتىشى).

«نامەلۇم تىللار»

«نامەلۇم تىللار» يەنە «كارامەت تىللار، روھىي تىللار، يات تىللار»مۇ دېيىلىدۇ. روسۇل پاۋلۇسنىڭ 14:14-19، 21-23، 27-28دە «نامەلۇم تىللار» توغرۇلۇق سۆزلىرى بىزگە كۆپ يورۇقلۇق يەتكۈزىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «نامەلۇم تىللار» ئىلتىپاتى كىشىلەرگە ئۈچ تەرەپتىن روھىي بەھىر ئېلىپ كېلىدۇ.

(ئا) «نامەلۇم تىللار» «ئالامەت بەلگە» سۈپىتىدە بېغىشلانغاندا، نەق سورۇندا بولغان كىشىلەردىن بىر قىسمى بۇ تىلنى چۈشىنىدۇ، لېكىن سۆزلىگۈچى ئۆزى چۈشەنمەيدۇ («روس.» 2:1-13). بۇنداق ئىشلار ئاز كۆرۈلىدۇ.

(ئە) ئايرىم دۇئالاردا («ئۆز-ئۆزىگە ۋە خۇداغا ئېيتسۇن»، 28:14) شۇ تىلنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدىغان، شەخسىي «نامەلۇم تىل» ئىلتىپاتى؛ پاۋلۇسنىڭ ئۆزىدە بۇنداق ئىلتىپات بار ئىدى ۋە ئۇ ئۇنى كۆپ ئىشلەتكەن (18:14). بۇ ئىلتىپاتتا ئادەمنىڭ روھى دۇئا قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەقىل-زېھنى ئۆزى ئېيتىۋاتقانلىرىنى چۈشەنمەيدۇ (14:14). بۇ يولدا ئىستىخىيلىك ھالدا مەدھىيە ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ، ئەمما ئېيتقۇچى ئۆزى ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى چۈشەنمەيدۇ (15:14). بۇ ئاخىرقى ئايەت بويىچە پاۋلۇس «نامەلۇم تىللار»دا كۆپ دۇئا قىلاتتى ۋە يەنە ئۆز تىلىدا دۇئا قىلاتتى («مەن بەزىدە روھىم بىلەن دۇئا قىلىمەن، ھەم بەزىدە ئەقىل-ئىدراكىم بىلەنمۇ دۇئا قىلىمەن»). ئۇ نامەلۇم تىللاردىمۇ مەدھىيە ناخشىلىرى ئېيتاتتى ۋە ئۆز تىلىدا مەدھىيە ناخشىلىرى ئېيتاتتى («مەن بەزىدە روھىم بىلەن مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن، ھەم بەزىدە ئەقىل-ئىدراكىم بىلەنمۇ مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن»).

(ب) جامائەتتە چىققان نامەلۇم تىللار. جامائەت ئىبادەت سورۇنىدا بىرسى نامەلۇم تىلدا ئۈنلۈك دۇئا قىلىشقا ياكى مەلۇم ئىشنى جاكارلاشقا مۇقەددەس روھتىن ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. پاۋلۇسنىڭ 13:14، 27-28دە تەلىم بەرگىنىدەك، بۇنداق ئىلتىپاتنى پەقەت سۆزلىگۈسى بولغان كىشىدە سۆزلەرنى مەلۇم بولغان تىلغا ئۆرۈشكە بىراۋدا ئىلتىپات بار بولىدۇ دېگەن ئىشەنچ بولغاندىلا ئاندىن ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۆرۈگۈچى كىشى ئۆزى ياكى باشقا قېرىنداش بولىدۇ. ئۇنداق ئۆرۈگۈچى بولمىسا، ئۇ سۈكۈتتە قېلىشى كېرەك («ئۆز-ئۆزىگە ۋە خۇداغا ئېيتسۇن» 28:14).

«نامەلۇم تىللارنى تەرجىمە قىلىش (ئۆرۈش، چۈشەندۈرۈش) (ئىلتىپاتى)»
بۇ، جامائەتتە مەلۇم «نامەلۇم تىل»دا بىر سۆز ئېيتىلغاندا، بۇ ئىلتىپات سۆزنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى ئىپادىلەشتىكى ئىلتىپات بولىدۇ. بۇ بەلكىم دەل سۆزمۇسۆز «تەرجىمە قىلىش» ئەمەستۇر، لېكىن ئۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىڭ بىرنەچچە جامائەتلەردە ئىسپاتى بار.

## 21:14-23: يەنە «نامەلۇم تىللار» توغرۇلۇق

«تەۋراتتا: «چەت تىللىقلارنىڭ سۆزى ۋە يات ئادەملەرنىڭ لەۋلىرى ئارقىلىق مەن مۇشۇ خەلققە گەپ قىلىمەن؛ لېكىن بۇنداق بولغىنى بىلەن ئۇلار يەنىلا ماڭا قۇلاق سالمايدۇ — دەيدۇ پەرۋەردىگار» دەپ پۈتۈلگەندۇر. شۇڭا «نامەلۇم تىللار» بولسا بىر ئالامەت بەلگە بولىدۇ؛ ئېتىقادچىلارغا ئەمەس، بەلكى ئېتىقادسىزلارغا ئالامەت بەلگىدۇر؛ ۋەھىي-بېشارەتلەر بولسا، ئېتىقادسىزلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېتىقادچىلار ئۈچۈن بولىدۇ»
پاۋلۇسنىڭ بۇ يەردە «يەش.» 28:11-12دىن نەقىل كەلتۈرگىنىنى ئازراق چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يەشايا ئەسلىدە (يۇقىرىدا پاۋلۇس نەقىل كەلتۈرگەن) بۇ سۆزلەر بىلەن ئۇز دەۋرىدىكى يەھۇدىي خەلققە: «سىلەر مېنىڭ خەۋىرىمگە سىلەرگە تونۇش تىلدا ئېيتىلغاندا قۇلاق سالمىساڭلار، سىلەر ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدىغان يات بىر ئەل بىلەن ئورۇلىسىلەر. شۇ چاغدا (سۈرگۈن بولغىنىڭلاردا) مېنىڭ بۇ سۆزۈم شۇكۈلپەتلىك ئەھۋال بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ» — دېمەكچى بولىدۇ، يەنە — «ئەمما ھەتتا شۇ قېيىن كۈنلەرگە كىرگەندىمۇ سىلەر (پەرۋەردىگار يەشايا ئارقىلىق دەيدۇ) ماڭا قۇلاق سالمايسىلەر، دەپ بىلىمەن»، دەيدۇ. يەشايانىڭ دەۋرىدىن 100 يىل كېيىن، يەھۇدىي خەلقى بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغاندا، ئەتراپىدىكى بابىل تىلى («نامەلۇم تىللار») يەھۇدىي خەلققە بىر «كارامەت» بولدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بولغان شۇ تىل ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ توۋا قىلمىغان خەلق ئىكەنلىكىنى، خۇدانىڭ جازالىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرسەتكۈچى «ئالامەت بەلگە» بولدى. شۇڭا ««نامەلۇم تىللار» بولسا بىر ئالامەت بەلگە بولىدۇ؛ ئېتىقادچىلارغا ئەمەس، بەلكى ئېتىقادسىزلارغا ئالامەت بەلگىدۇر». شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ: —

«شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل جامائەت بىر يەردە جەم بولغاندا، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا بۇنداق نامەلۇم تىللاردا سۆزلەۋەرسە ۋە ساددا ياكى ئېتىقادسىز كىشىلەر كىرىپ قالسا، ئۇلار ھەممىڭلارنى سارائ بولۇپ قاپسىلەر دېيىشمەمدۇ؟» (23).

ئەمما، پاۋلۇس دەيدۇ، — بىز جامائەتكە مېھمان بولۇپ كىرگەن ئادەملەرگە خۇدانىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ قاتاردا مۇئامىلە قىلىشنى خالىمايمىز؛ ئۇلارنىڭ بېشىغا خۇدانىڭ جازالىرىنى چۈشۈرۈشنى خالىمايمىز؛ بىز ئۇلارنى «تېخى ئىشەنمىگەن، لېكىن ئىشىنىشى مۇمكىن بولغان» دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئىمانغا كەلتۈرۈشنى خالايمىز. شۇڭا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: — «ئەمما ھەممىڭلار ۋەھىي-بېشارەت يەتكۈزسەڭلار، ئېتىقادسىز ياكى ساددا كىشى ئاراڭلارغا كىرىپ قالسا، ھەممىڭلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا تەنبىھ بېرىلىدۇ، ھەممىڭلار تەرىپىدىن گۇناھكار بولغانلىقىنى كۆرىدۇ؛ قەلبىدىكى سىرلار ئاشكارە قىلىنغاندا، ئۇ يەرگە يىقىلىپ: — «خۇدا ھەقىقەتەن ئاراڭلاردىدۇر» دەپ خۇداغا سەجدە قىلىدۇ» (24-25). بۇ ئۇنىڭ 22-ئايەتتىكى سۆزلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ «ۋەھىي-بېشارەتلەر بولسا، ئېتىقادسىزلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېتىقادچىلار ئۈچۈن بولىدۇ». «نامەلۇم تىللار»دا دۇئا قىلىشنىڭ ھېچ خاتاسى يوق، ئەمما ئىشەنمىگەن كىشىلەر ئالدىدا چوقۇم مەنىسى ئۆرۈلۈشى كېرەك.

## يەنە بېشارەتلەر توغرۇلۇق:

«پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ» (32:14)

بۇ مۇھىم بايان ئۈستىدە توختالغۇمىز بار؛ چۈنكى نۇرغۇن ئىشەنگۈچىلەرنىڭ خۇدانىڭ روھىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقى توغرىسىدا چۈشەنچىسى ئېنىق ئەمەس. مۇشۇ ئايەتتە مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتى «بېشارەت بېرىش»تۇر، ئەمما شۇنى چۈشىنىمىز كېرەككى، ئۇنىڭ باشقا خىزمەتلىرىدىمۇ ئوخشاش مۇھىم پرىنسىپ بار بولىدۇ.

ئايەتتىكى «پەيغەمبەرلەرنىڭ (ياكى «ۋەھيي يەتكۈزگۈچى» ياكى «بېشارەتچىلەرنىڭ») روھلىرى» دېگەن ئىبارە بېشارەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىنسانىي روھلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مۇقەددەس روھ ئىلتىپاتلىرىنى (پەقەت «بېشارەت بېرىش»لا ئەمەس) مەلۇم بىر ئادەمنىڭ روھىنى ۋاستە قىلىپ ئىپادىلەيدۇ. رەب ئەيسانىڭ خىزمىتىدە بۇ پرىنسىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ (مەسىلەن، «مار.» 8:2). روھىي ئىلتىپاتلار (ۋە باشقا ۋەھىيلەر) ئاۋۋال ئىنساننىڭ جېنىدىن ئەمەس (ئىنساننىڭ كاللىسى، ئەقىل-ئىدراكى ياكى ھېسسىياتلىرىدىن ئەمەس)، بەلكى روھىدىن، يەنى ئۇنىڭ ماھىيەت-ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىدۇ. روھىي ئىلتىپاتلار ئادەمنىڭ ھېسسىياتلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، روھ تەرىپىدىن سېزىلىدۇ، ئۇلار ئادەمنىڭ كاللىسىغا كىرگەن «ياخشى ئەقىل»مۇ ئەمەس. ئىنجىل، «لۇقا» 1-بابتا، مەسىھنىڭ ئانىسى مەريەم ئۆز نەۋرە ھەدىسى ئېلىزابىتنىڭ بېشارەتلىك سالىمىغا جاۋابەن يەنە بېشارەت بەرگىنىدە بۇ پرىنسىپ كۆرۈنىدۇ: «جېنىم رەبنى ئۇلۇغلايدۇ، روھىم قۇتقۇزغۇچىم خۇدادىن شادلاندى». بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان پېئىل زامانلىرىغا دىققەت قىلىڭ. بۇ بېشارەت مەريەمنىڭ جېنىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھىدا باشلانغان «مېنىڭ روھىم ئۇلۇغلايدۇ... مېنىڭ جېنىم شادلاندى».

پاۋلۇسنىڭ بايانىدا يەنە مۇھىم بىر ساۋات بار. يۇقىرىقى ئايەتلەردە روسۇل پاۋلۇس پەيغەمبەرلەر (ۋەھيي-بېشارەتچىلەر)نىڭ «نۆۋەت بويىچە» سۆزلەيدىغانلىقى، شۇنداقلا بېشارەتچىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەھيىنى سۆزلەپ بېرىشكە پۇرسەت كەلمىگۈچە كۈتۈلگە پۈكۈپ تۇرىدىغانلىقى توغرۇلۇق بايان قىلغان. شۇڭا ئىنتايىن روشەنكى، مۇقەددەس روھ مەجبۇرەن ئىشلىمەيدۇ. بىرسى ئۆزىنىڭ جامائەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان بەزىبىر سۆزى ياكى ھەرىكىتى توغرۇلۇق: «مەن بۇ ئىشتا روھ تەرىپىدىن مەجبۇرلاندىم، ماڭا ئامال بولمىدى» دېسە، بۇ گەپ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەس، يامان روھلارنىڭ ئاسارىتىدە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. يامان روھلار (جىنلار) دائىم كىشىلەرگە ئۆزلىرى خالىمىغان ئىشلارنى، ھەتتا ئۇلار ئادەتتە ئۆچ كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلدۇرغىنىدا ئۆزلىرى ئاشكارىلىنىدۇ. رەب ئەيسانىڭ يەر يۈزىدىكى خىزمەتلىرىدە، يامان روھلارنى ھەيدىۋەتكىنىدە بۇ پرىنسىپ (يەنى، يامان روھلار كىشىلەرگە ئۆزلىرى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ) روشەن قىلىنىدۇ؛ ھەتتا بۇتپەرەسلەرمۇ كۆپ ئەھۋالدا بۇ پرىنسىپنى توغرا چۈشىنىپ يېتىدۇ. خۇدانىڭ روھى بولسا

مەجبۇرلىغۇچى روھ ئەمەس؛ ئەكسىچە، ئۇ پەقەت تەسىرلەنگەن ياكى سۆز يەتكۈزۈلگەن كىشىنىڭ ئەركىن قوشۇلۇشى بولغىنىدا ئاندىن ئىشلەيدۇ. بۇنداق خىسلەت خۇدانىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى، ئەلۋەتتە؛ ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىشىنى، ئەركىنلىكتە ئىختىيارى بىلەن ئۆزىگە بويسۇنۇشىنى خالايدۇ؛ چۈنكى خۇدانى سۆيۈش دېگەنلىك ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھەر ئىشتا ئەركىنلىك، خۇشاللىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن تاللىۋېلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا: «پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ» — دېمەك، ئۇلارنىڭ سۆز قىلىشى مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئەمەس، بەلكى سۆزلەش نۆۋىتى كەلگۈچە بىر-بىرىنى كۈتەلەيدۇ.

«ئاراڭلاردىكى ئاياللار جامائەتلەردە سۈكۈتتە ئولتۇرسۇن؛ ئۇلارنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغان؛ تەۋرات قانۇنىدا بەلگىلەنگەندەك، ئۇلار تەرتىپكە بويسۇنسۇن» (34:14).

ئىزاھاتلاردا كۆرسەتكىنىمىزدەك، بۇ ئەمر قىز-ئايال قېرىنداشلارغا ئىبادەت سورۇنلىرىدا سۆزلەشنى مەنئى قىلىدىغان ئەمر ئەمەس. چۈنكى 5:11دە ئۇ قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ جامائەتلەردە دۇئا قىلىشلىرى ۋە بېشارەت بېرىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ — شۇڭا قىز-ئاياللارنىڭ جامائەتتىكى سۆز-كالام خىزمەتلىرىدە مۇھىم رولى باردۇر. ئەمما بۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 35-ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك، ئۇ قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ جامائەتتە چۇلدۇرلىشىپ سۆزلىشى ياكى قالايمىقان سۆزلىشىنى توختاتماقچى. گرېك جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا گەپنى بۆلۈۋېتىشتە داڭقى چىققان.

كېيىنكى بىر مەكتۇپىدا (1تىم.» 12:2) پاۋلۇس قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ جامائەتتە تەلىم بېرىش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئېلىشقا يول قويمايمەن، دەيدۇ. بۇ تاپشۇرۇقنىڭ بىرىنچى سەۋەبى، جامائەتتىكى ئەرلەر تەلىم بېرىشتە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ھورۇنلۇقى ياكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمىسا، قىز-ئاياللار بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالسا ئەيىب بولمايدۇ؛ گۇناھى ئەر قېرىنداشلارغا بولىدۇ ۋە ئۇلار شۇنداق ئەھۋالغا يول قويغانلىقى ئۈچۈن رەب ئالدىدا جاۋاب بېرىشى كېرەك بولىدۇ.

(35) «ئەمما ئۇلار مەلۇم ئىشنى بىلمەكچى بولسا، ئۆيىدە ئۆز ئەرلىرىدىن سورىسۇن؛ ئايالنىڭ جامائەتتە سۆزلىشى ئۇياتلىق ئىشتۇر».

ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىرى ئىشەنگۈچى بولمىسا، ئۇلار ئىشەنگەن ئاتىسىدىن ياكى يېقىن تۇرغان مەسئۇل ئاكا قېرىنداشىدىن ياكى جامائەتتىكى ئاقساقاللارنىڭ بىرىدىن سورىسا بولىدۇ.

## 8:15 پاۋلۇسنىڭ «خۇددى ۋاقتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك» بولغانلىقى

مەسىھنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىنى كۆرگەن گۇۋاھچىلار توغرۇلۇق سۆزلىگىنىدە، پاۋلۇس ئۆزىنىڭ گۇۋاھچى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق «ھەممىسىدىن كېيىن ئۇ خۇددى ۋاقتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك بولغان ماڭىمۇ كۆرۈندى» — دەيدۇ.

«خۇددى ۋاقتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك» دېگەن ئىبارە، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ روسۇللۇقىنىڭ سالاھىيىتىنى تەستىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ چۈنكى روسۇللارنىڭ سالاھىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى مەسىھنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە گۇۋاھچى بولۇشتىن ئىبارەت؛ «روس.» 1:15-26نى كۆرۈڭ. ئەمما بىلىشىمىزچە پاۋلۇس ھەتتا ئەيسا مەسىھنى يەر يۈزىدە تۇرغان ۋاقتىدىمۇ كۆرۈپ باققان ئەمەس؛ ئۇ ئۇنىڭ توغرىسىدا روسۇللارنىڭ، بولۇپمۇ ئىستىپاننىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى جاكارلاشلىرى ئارقىلىق ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇ يەھۇدىيلاردىكى «پەرىسىي» دېگەن قاتتىق تەلەپلىك دىنىي مەزھەپنىڭ ئەزاسى بولغاچقا ئۇنىڭ مەسىھ تەلىمىگە بولغان ئىنكاسى دەرھال قارشى چىقىپ جامائەتكە قاتتىق زىيانكەشلىك قىلىش ئىدى؛ «روس.» 7-بابنى كۆرۈڭ. مۇشۇ ئىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ سالاھىيىتى روسۇل بولۇش سالاھىيىتىدىن ئىنتايىن يىراق ئىدى؛ ئىنسانىنىڭ كۆزقاراشلىرى بويىچە ئۇ ھەرگىز روسۇل بولالمايتتى. ئەمما «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 9-بابدا ئوقۇيمىزكى، رەب ئەيسا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆرۈندى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق، تەلتۆكۈس توۋا قىلدى. كېيىن، رەب ئەسلى ئۆزىنىڭ «ئون ئىككى روسۇلى»غا تاپشۇرغان بارلىق تەلىمنى ۋە ۋەھىيلەرنى، شۇنداقلا شۇلاردىن يەنە زىيادە كۆپ ۋەھىيلەرنى ئۇنىڭغا شەخسەن ۋە بىۋاستە ئايان قىلدى (مەسىلەن، 11:23-26نى، «گال.» 1:10-18نى كۆرۈڭ). «ئون ئىككى روسۇل» رەب ئەيساغا ئۈچ يېرىم يىل ھەمراھ بولغاندىن كېيىن «ئورما ھېيتى» كۈنىدە خۇدانىڭ روھى تەرىپىدىن «قايتا تۇغۇلدى»؛ بۇ بولسا ئۇلارغا روسۇللۇقنىڭ بۈيۈك خىزمىتىگە

ئاخىرقى «مۆھۈر بېسىلىشى» ئىدى؛ لېكىن پاۋلۇسنىڭ «روھىي تۇغۇلۇش»ى بولسا (رەب ئەيسا ئۇنىڭغا كۆرۈنگىنىدە) تولىمۇ تۇيۇقسىز، «خۇددى ۋاقتسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك» بولۇپ، ئۇنى ئۈچ كۈن ئىچىدە ھاياتلىقىقا ۋە روسۇللۇققا مۆھۈرلىدى.

24:15 «ئاندىن ئاخىرەت بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ ھەممە ھۆكۈمرانلىق، بارلىق ھوقۇق ۋە كۈچلۈكلۈكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پادىشاھلىقنى خۇدا-ئاتىغا قايتۇرۇپ تاپشۇرىدۇ...»

(28) ...«ئەمما ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇل ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچىغا بويسۇنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن خۇدا ھەممىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ».

بۇ 24-ئايەتتە بىرىنچى سوئال شۇكى، بۇ «پادىشاھلىق» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ جاۋابىمىز باشقا يەردە ئېيتقىنىمىزدەك شۇكى، «ۋەھ.» 1:20-6دە كۆرسىتىلگەندەك، مەسىھنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنى ئۆزىگە ھەمكارى قىلىپ بۇ يەر-زېمىن ئۈستىگە سۈرگەن مىڭ يىللىق پادىشاھلىقى بولىدۇ. بۇ مىڭ يىللىق پادىشاھلىق ئەبەدىلئەبەد بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ۋاقىت، خالاس، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ پادىشاھلىقنىڭ مەقسىتى خۇدانىڭ مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن، تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن، ئىسرائىلغا بەرگەن بارلىق ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقى — بۇ بۇزۇلغان، بۇلغانغان كونا يەر-زېمىن ئۈچۈن قانداق ئاجايىب ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. بۇ مىڭ يىللىق ۋاقىت توشقاندا، شەيتان يەر يۈزىدىكىلەرنى سىناش ئۈچۈن قايتىدىن قاماقتىن قويۇلىدۇ. شەيتاننىڭ قوزغىتىشلىرى بىلەن خۇداغا ئۆزىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەرگە ئوت جازاسىنى ئاسماندىن ياغدۇرۇشى بىلەن بۇ ۋاقىتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى بېكىتىدۇ؛ كونا زېمىن ۋە كونا ئاسمان يوقىلىدۇ، شەيتان «ئوت كۆلى»گە تاشلىنىدۇ. مۇشۇ چاغدا مەسىھ ئاتىسىغا بولغان مەڭگۈلۈك سۆيگۈسىنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە «پادىشاھلىقنى خۇدا-ئاتىغا قايتۇرۇپ تاپشۇرىدۇ...».

پاۋلۇس «ئاندىن ئاخىرەت بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ ھەممە ھۆكۈمرانلىق، بارلىق ھوقۇق ۋە كۈچلۈكلۈكنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ،...» دەيدۇ. ئىشىنىمىزكى، بۇ سۆز پەقەت شەيتان ئۈستىگە چىقىرىلغان ئاخىرقى جازانىلا ئەمەس،

بەلكى ھەرقانداق «ھۆكۈمرانلىق»، «ھوقۇق» دەپ ھېسابلانغانلارنىڭ بارلىخىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي — خۇدانىڭ تۆپكى مۇددىئا-مەقسەتلىرى نىشانغا يەتكەن بولىدۇ؛ ئىنسانلار، پەرىشتىلەرمۇ گۇناھنىڭ ئىللىك-دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ئۆتۈپ، مېھىر-مۇھەببەت ھەممەيلەننى قاپلىغان بولىدۇ. ھەر قەلبدە مېھىر-مۇھەببەتتىن باشقا ھېچ نىيەت بولمايدۇ. مۇھەببەتتە «ھوقۇق» ياكى «ھۆكۈمرانلىق»، بۇيرۇقنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق بولىدۇ؛ ھەممەيلەن نېمە تەلەپلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپلا شۇنى قىلىدىغان بولىدۇ.

بۇ كەلگۈسى ئەھۋال ئىككى ئايەتتە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ: —

(1) «...ئوغۇلغا ئۇ (خۇدا) شۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر؛
سېنىڭ شاھانە ھاساڭ بولسا ھەققانىيلىقنىڭ ھاسسىدۇر» (ئىنجىل، «ئىبر.» 1:8، بۇ مەكتۇپنىڭ مۇئەللىپى «زەبۇر» 8:45نى نەقىل كەلتۈرىدۇ).

(2) «خۇدانىڭ كۈننى تەلمۈرۈپ كۈتۈپ، ئۇ كۈننىڭ تېزرەك كېلىشى ئۈچۈن ئىنتىلىشىڭلار كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئۇ كۈننىڭ كېلىشى بىلەن پۈتۈن ئاسمانلار ئوتتا يوقاپ تۈگەيدۇ ۋە كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى شىددەتلىك ئوتتا ئېرىپ تۈگەيدۇ. لېكىن بىز بولساق ئۇنىڭ ۋەدىسى بويىچە، يېڭى ئاسمان-زېمىننى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز. ئۇ يەر ھەققانىيلىقنىڭ ماكانىدۇر» («2پېت.» 3:12-13).

بىرىنچى ئايەت ئوغۇلنىڭ پادىشاھلىقتا ھۆكۈم سۈرۈشى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ؛ ئۇ قولدا «ھەققانىيلىقنىڭ ھاسسى»نى تۇتىدۇ — دېمەك، ھۆكۈم سۈرۈش كېرەك بولىدۇ.

ئىككىنچى ئايەتتە، كونا ئاسمان-زېمىننىڭ يوقاپ تۈگىشى تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن، «ھەققانىيلىقنىڭ ماكانى» بولغان يېڭى ئاسمان-زېمىن تىلغا ئېلىنىدۇ. «ھەققانىيلىقنىڭ ھاسسى» ھازىر كېرەك ئەمەس، چۈنكى يېڭى زېمىن ئۆزى «ھەققانىيلىقنىڭ ماكانى» بولىدۇ.

ئۇنداق ئىشلار كاللىمىزنىڭ قابىلىيىتىنى چەككە يەتكۈچە ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما بىز كەلگۈسىدە خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنىڭ ئاخىر بېرىپ قانداق ئاجايىب كارامەت ئىشلارنى ئادا قىلىدىغانلىقىدىن، رەبنىڭ ھەممىمىزنىڭ تەپەككۇر قىلغىنىمىزدىن زىيادە ئاشىدىغان، شۇ چاغدا ئايان قىلىدىغان شان-شەرىپىدىن ھازىرمۇ شادلىنالايدىغان بولدۇق.

## 29:15 «ئۆلگەنلەر ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈش»

«ئۆلۈمدىن تىرىلىش بولمىسا، بەزىلەرنىڭ ئۆلگەنلەر ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۆلگەنلەر زادى تىرىلمىسە، كىشىلەر ئۇلار ئۈچۈن نېمە دەپ چۆمۈلدۈرۈلىدۇ؟».

پاۋلۇس بۇ جۈملىنى يازغاندىن تارتىپ ئۇ دەۋر-دەۋرلەردە كۆپ شەرھچىلەرنىڭ باشلىرىنى قاتۇرۇپ كەلگەن؛ بۇ ئايەت توغرۇلۇق ئىككى يۈزدىن ئارتۇق چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن. بىز پەقەت تۆۋەندىكىدەك ئاددىي ئويلاشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز: —

(ئا) خۇدانىڭ سۆز-كالامىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە، تىرىكلەر ئۆلگەنلەرنىڭ نىجاتى، ياردىمى ياكى مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلالايدۇ، دەپ ئېيتىلمايدۇ. ئۆلگەنلەر تىرىكلەر ئۈچۈنمۇ ھېچ ئىش قىلالمايدۇ (مەسىلەن، «2سام.» 15:12-23، «لۇقا» 19:16-31نى كۆرۈڭ). مۇقەددەس سۆز-كالامىنىڭ ئومۇمىي تەلىمى دەل بۇنىڭ ئەكسىدۇر. گەرچە كۆپ ئەل-مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەتلىرى بولغىنى بىلەن، دۇئا-تىلاۋەتلەر ئۆلگەنلەرگە ھېچقانداق تەسىر ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

(ئە) پاۋلۇس بەزى كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆلگەن باشقا بەزىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن «چۆمۈلدۈرۈلدى»، دېگەنگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىش ئۇلار ئارىسىدا ئېتىقاد قىلىپ ئەمما مەلۇم سەۋەبتىن ئۆلگۈچە سۇغا چۆمۈلدۈرۈلمىگەنلەر ئۈچۈن قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بار. مەسىلەن، رەب ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلانغىنىدا يېنىدا مىخلانغان ئوغرى تۇۋا قىلىپ ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولغاچقا، ئەيسا ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھايات ۋەدە قىلدى، بىراق ئۇ ھېچ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەن ئەمەس ئىدى — بۇنىڭغا پۇرسەت بولمىغان، ئەلۋەتتە. «لۇقا» 29:23-43نى كۆرۈڭ.

(ب) پاۋلۇس بۇ ئىشنى تىلغا ئالغاندا ئۇنىڭ توغرۇلۇق كورىنتلىقلارغا ياكى مۇشۇ «ئۆلگەنلەر ئۈچۈن چۆمۈلدۈرگۈچىلەر»گە ھېچقانداق تەنبىھ بەرمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشنى توغرا دەپ تەستىقلايدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلىمايدۇ. ئۇ بۇ ئىش توغرىسىدا كورىنتلىقلارغا تۈزىتىدىغان ئېنىق تەلىمنى بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ توغرۇلۇق سۆزلىرىنى قايتىلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ پەقەت بەلكىم، كورىنتلىقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىش دېگەن ئىشنى ھەقىقەت دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى كۆرسەتمەكچى، خالاس.

47-45:15 «شۇڭا تەۋراتتا مۇنداق پۈتۈلگەنكى: «تۇنجى ئىنسان ئادەمئاتىمىز تىرىك بىر جان قىلىپ يارىتىلدى»؛ ئەمما «ئاخىرقى ئادەم ئاتا» بولسا ھاياتلىق بەرگۈچى روھ بولدى. ئەمما ئاۋۋال كەلگىنى روھىي ئادەم ئەمەس، بەلكى «تەبىئەتكە تەۋە بولغۇچى» ئادەم ئىدى، كېيىن «روھىي ئادەم» كەلدى. دەسلەپكى ئىنسان بولسا يەردىن، تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلىنغان؛ ئىككىنچى ئىنسان بولسا ئاسماندىن كەلگەندۇر»

بىز مۇشۇ يەردە «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزنى ئازراق قايتىلايمىز: —

«خۇدانىڭ ئىنسانغا بولغان مەقستى ئىنساننى «روھىي» ياكى «روھانىي» ئادەم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. «روھىي» دېگىنىمىز ئىنساننىڭ بارلىق ئىشلىرى «روھ»تىن كەلسۇن دېگەنلىكتۇر؛ دېمەك، ئىنساننىڭ روھى خۇدانىڭ روھى بىلەن ئالاقىدە بولغاندا، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنىپ بىلىپ، ئۇنىڭ جېنى ئارقىلىق تېنىنى باشقۇرغان ھالدا ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر».

بۇ ئايەتلەرگە، بولۇپمۇ 47-ئايەتكە قارىغاندا، خۇدانىڭ نەزىرىدە يەر يۈزىدە پەقەت ئىككى «ھەقىقىي ئادەم» بولۇپ باققان، دەپ بايقايمىز. بۇ ئىككى ئادەم بولسا ئادەمئاتىمىز ۋە ئەيسا مەسىھدۇر. «ھەقىقىي ئادەم» دېگەن خۇدانىڭ تولۇق سۈرىتى (ئوبرازى، ئىپادىسى)دە بولغان، دېگەنلىكتۇر. ئادەمئاتىمىز گۇناھ سادىر قىلغىنىدا «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازىدا بولۇش»تىن مەھرۇم بولدى — ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭدا ۋە ئوخشاشلا بارلىق ئەۋلادلىرىدىمۇ «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى» ئىنتايىن كۆرۈمسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

خۇدانىڭ «ئىنسان مېنىڭ سۈرەت-ئوبرازىمدا بولسۇن» دېگەن مەڭگۈلۈك مەقسەت-مۇددىئاسى مەسىھدە، شۇنداقلا ئۇنىڭدا «قايتا تۇغۇلغان»لاردىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئادەمئاتىمىز پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئۆزىدە «روھىي ھايات»قا ئىگە بولغان بولسىمۇ، مەسىھ باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا ئىگىدۇر؛ ئۇنىڭ ئۆلۈشى، كۆمۈلۈشى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىشىدىن كېيىن ئۇ «ھاياتلىق بەرگۈچى روھ بولدى».
سىز ئۇنىڭدىن ھاياتقا ئېرىشتىڭىزمۇ؟

4-3:16 «مەن كەلگىنىمدە، سىلەر قايسى ئادەملەرنى لايىق كۆرۈپ
تاللىساڭلار، مەن شۇلارغا تونۇشتۇرۇش خەتلىرىنى يېزىپ بېرىپ مۇشۇ
ئىئانە-شەپقىتىڭلارنى يېرۇسالېمغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىمەن.
مېنىڭمۇ بېرىشىم مۇۋاپىق كۆرۈلسە، ئۇلار ماڭا ھەمراھ بولۇپ بارىدۇ».

بىز باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، روسۇل پاۋلۇس ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈن پۇل سوراپ باقمىغان. ئەمما ئۇ ھاجەتكە چۈشكەن باشقىلار ئۈچۈن پۇل سورىغان ۋە ئىئانە توپلىغان. ئۇ مۇشۇ يەردە «يېرۇسالېمدىكى كەمبەغەل مۇقەددەس بەندىلەر» ئۈچۈن ئىئانە قىلايلى دەۋاتىدۇ. يېرۇسالېم ئەسلى روناق تاپقان شەھەر، ئۇنىڭدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئادەتتە «ئىلكىدە بار» ئىدى، شۇ يەردىكى «مۇقەددەس بەندىلەر» قانداقمۇ «كەمبەغەل» بولۇپ قالغان؟

ئوقۇرمەنلەر بەلكىم رەب ئەيسا ئۆز مۇقەددەس روھىنى يېرۇسالېمدا دەل مۇشۇ ئىشقا ئىشەنچ بىلەن كۈتۈۋاتقانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشۈرگەنلىكى بىلەن ئۇنىڭ جامائىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن، دەپ ئەسلىشى مۇمكىن («روس.» 1-2-باب). بۇنىڭدىن كېيىن مال-مۈلۈكلۈك ياكى زېمىندار بولغان كۆپ قېرىنداشلارنىڭ ئىگىلىكلىرىنى سېتىۋېتىپ پۇللارنى كەمبەغەللەرنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى بىلەن ھەممە نەرسىلىرى ئورتاق بولغان ھالدا ياشىدى؛ «ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى سېتىپ، پۇلنى ھەممىسىگە، ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىشاتتى» («روس.» 2:44-45). شۈبھىسىزكى، كېيىنرەك بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى خۇش خەۋەرنى تارقىتىشقا يېرۇسالېمدىن يىراققا چىقماقچى بولغان قېرىنداشلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنىدى. ئەمما بۇ زور سەدىقە بېرىشلەر كۆپ قېرىنداشلارنىڭ ئۆزلىرىنى تىجارەتلىرىدىن ياكى ئېتىزلىرىدىن ئايرىلىپ ھاجەتمەن قىلىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زور سېخىيلىقتىن قۇۋۋەتلەنگەن «خۇش خەۋەر جاكارلاش ھەرىكىتى»دىن بەخت-بەرىكەت كۆرگەنلەر (يەنى ئەللەر ئارىسىدا بولغان ئېتىقادچىلار، جۈملىدىن كورىنتتىكى جامائەت) يېرۇسالېمدا قالغان ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىغا جىسمانىي تەرەپتە بولغان قەرزنى تونۇپ يېتىشى قىلىشقا لايىق ۋە تېگىشلىك ئىش ئىدى.

كېيىن، رىم ئىمپېراتورى پەلەستىنگە قاراتقان مۇنداق بىر يارلىقنى چۈشۈرگەنىكى، مەسىھنىڭ نامىدا خۇداغا ئىبادەتكە يىغىلىشنى (ئۇنداق قىلىش ئىمپېراتورغا چوقۇنماسلىق

بىلەن باراۋەر دەپ قارىلىپ) «قانۇنسىز» دەپ بېكىتىپ، ھەرقانداق ئادەم شۇنداق سورۇندا تۇتۇلۇپ قالسا مال-بىساتلىرى مۇسادىرە قىلىنسۇن، دەپ بۇيرۇلغان. بۇنداق ئىش يەھۇدىي ئېتىقادچىلارنىڭ بېشىغا كۆپ قېتىملاپ كەلگەن («ئىبر.» 10:32-34). شۇنداق بولغاندا كۆپ جامائەتلەردىن ئەۋەتىلگەن بۇ سوۋغات شۇ كۈنلەردە تېخىمۇ مۇھىم بولاتتى. لېكىن پاۋلۇس ۋە ئۇنىڭ باشقا شۇنداق ئىشەنچلىك خىزمەتداشلىرى ئۇنداق ئەھۋالنىڭ كەلگۈسىدە چىقىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرسىز بولغان، ئەلۋەتتە. بىلگۈچى بولسا ھەممە ئىش ئۈستىدىن باشقۇرغۇچى خۇدادۇر.

# ئىنجىل 8-قىسىم

# «كورىنتلىقلارغا (2)»

## روسۇل پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتكە

## يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ

## كىرىش سۆز

كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى توغرۇلۇق پاۋلۇسنىڭ كورىنتتىكى جامائەتكە يازغان بىرىنچى مەكتۇپىدىكى «كىرىش سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ. بۇ ئىككىنچى خەتنى پاۋلۇس تەخمىنەن مىلادىيە 56- ياكى 57-يىلى، كورىنتنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئۈچ يۈز كىلومېتىر يىراقتا جايلاشقان ماكېدونىيە ئۆلكىسىدىن ئۆتۈۋاتقان ۋاقتىدا يازغان. خەتنى پاۋلۇسنىڭ ھەمكارى روسۇل تىتۇس ۋە باشقا ئىككى قېرىنداش كورىنتقا ئەپكەلگەن (16:6-24). پاۋلۇسنىڭ بىرىنچى خېتىگە ئوخشاش، ئۇ ئۇشبۇ خەتنى كورىنتتىكى ئېغىر مەسىلىلەر ئۈستىدە بولغان كۆپ ئازاب ۋە قايغۇ ئىچىدە يازغان.

ئوقۇرمەنلەر بىرىنچى خەتنى يېزىش سەۋەبىنىڭ جامائەت ئىچىدە پەيدا بولغان كۆپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرنەچچە جىددىي سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بولغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. بىرىنچى خەتتە، كورىنتلىقلارنىڭ ئارىسىدا بولغان، ئۆز ئاتىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىدىغان، ئۆزىنى «ئىشەنگۈچى» دەپ ئاتىغان بىر ئادەم بىلەن قانداق خاتىرجەم باردى-كەلدى قىلىش توغرۇلۇق پاۋلۇسنىڭ ئادەمنى سانجىغۇدەك تەنبىھىنى، شۇنداقلا نۇرغۇن باشقا ناتوغرا ئىشلار توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش-جېكىلەشلىرىنى ئوقۇيمىز.

ئوقۇرمەنلەر ئۇچۇن كېيىنكى ۋەقەلەرنى چۈشەنچىمىز بويىچە ئىخچام تەرتىپتە تىزساق قولايلىقراق بولىدۇ: —

(1) پاۋلۇس «بىرىنچى مەكتۇپ»نى يازغاندىن كېيىن، كورىنتتا يەنە باشقا مەسىلىلەرنىڭ بارلىقى توغرۇلۇق خەۋەردار بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. بىرىنچى خېتى بەلكىم كورىنتلىقلارنىڭ ھەربىر ئىشلىرىنى تېخى تولۇق ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق يوقلاش مىلادىيە 55-ياكى 56-يىلىدا بولغان؛ ئۇ شۇ زىيارەتنى «ئازار بېرىدىغان» دەپ تەسۋىرلەيدۇ (1:2). بەلكىم ئۇ ئۇلارغا قاتتىق تەنبىھ بەرگەن.

(2) ئاشۇ ۋاقىتلاردا خېلىلا ئوتتۇقۇيرۇق بىر كىشى جامائەتكە چىققاندى (2:5-8). ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيمىز؛ نېمىلا بولمىسۇن پاۋلۇس ئۇلارنىڭ قېشىغا يوقلاپ بارغىنى بىلەن مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلالمىغاندى. كورىنتلىقلار ئۆزلىرى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ، خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ، ئۇنى توۋا قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن باش تارتقان؛ شۇڭا: —

(3) پاۋلۇس شۇ ۋاقىتلاردا ئەسلىدە پىلانلىغان ئۈچىنچى قېتىم زىيارەت قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا «ئېغىر ئازاب ئىچىدە قەلبىمدىكى دەرد-ئەلەمدىن كۆپ كۆز ياشلىرىمنى تۆكتۈرگەن» دېگەن يەنە بىر خەتنى يازغان (2:3-4). شۇ خەتنىڭ بىرەر كۆچۈرۈلمىسىمۇ بىزگە يەتمىگەن. پاۋلۇس «دەرد-ئەلەمدىن كۆپ كۆز ياشلىرىمنى تۆكتۈرگەن» ئاشۇ خەتنى تىتۇس ۋە يەنە بىر قېرىنداشنىڭ قولى ئارقىلىق يوللايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى قېرىنداشنى كورىنتلىقلارنى رىغبەتلەندۈرەلەيدۇ، دەپ ئۈمىد قىلاتتى (12:16-18).

(شۇڭا «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت»نى ئەمەلىيەتتە «ئۈچىنچى خەت» دېيىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. يەنە شۇنى كۆرسەتمىسەك بولمايدۇكى، «كورىنتلىقلارغا (1)»دىن ئىلگىرى، خېلى بالدۇر يېزىلغان يەنە بىر خېتىمۇ بولغانىدى («1كور.» 9:5نى كۆرۈڭ).

(4) تىتۇس ماكېدونىيە ئۆلكىسىگە، پاۋلۇسنىڭ يېنىغا قايتتى ۋە ئۇنىڭغا كورىنتلىقلار ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىپ، قىلمىشى يامان شۇ ئادەمگە تەنبىھ بېرىپ ئۇنى

مەسىھنىڭ يولىغا قايتۇردى، دېگەن خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا پاۋلۇس ئۆزىنى تېخىمۇ قاتتىق دەرد-ئەلەمگە سالىدىغان بىر خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئۇلار ئارىسىدا پاۋلۇسنىڭ تەلىملىرىنى ئېزىتقۇ، ئۇنىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرىنى ھارام، ئۇنىڭ روسۇللۇقتىكى ھوقۇقىنى ساختا دېگەن بىرنەچچە زەھەرخەندە كاززاپ پەيدا بولغانىدى. كۆپ ئېتىقادچىلار ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ جىددىي ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇ ئۆزىنىڭ زىيارىتىگىچە (ئۈچىنچى زىيارىتى، 2:13) كېچىكتۈرمەيتتى، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن: —

(5) ئۇ كۆز ئالدىمىزدىكى خەتنى (ئىنجىلدا «ئىككىنچى خەت» دەپ ئاتالغان) يازدى. بۇنى ئۇ يەنە تىتۇس ئارقىلىق يوللاپ، تىتۇس بىلەن يەنە ئىككى قېرىنداش ۋە بەلكىم باشقىلارنى بىللە ئەۋەتتى (6:8، 16-24). پاۋلۇس بۇ قېرىنداشلارغا يەنە، كورىنتتىكى جامائەت يېرۇسالېمدىكى نامرات ئېتىقادچىلار ئۈچۈن نىيەت قىلغان ئىئانىملىرىنى ئۇلاردىن يىغىۋېلىشنى ھەمدە يېرۇسالېمغا ئاپىرىشنى تاپىلىغانىدى (8-9-باب).

شۇڭا، بۇ «ئىككىنچى» (ئەمەلىيەتتە ئۈچىنچى) خەتنى يېزىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدا كۆرۈلىدۇ: —

(1) تىتۇس پاۋلۇسنى خەۋەرلەندۈرگەندەك، كورىنتتىكى جامائەت ئۇنىڭ «دەرد-ئەلەمدىن يازغان» خېتىدىكى سۆزلىرىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇپ ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھېلىقى ئوتتۇرىۋۇق ئادەمگە تەنبىھ بېرىپ ئۇنىڭغا قاتتىق نەسىھەت قىلغانىدى. نەتىجىدە بۇ ئادەم توۋا قىلغان. شۇڭا ئۇلار پاۋلۇسنىڭ «دەرد-ئەلەملىك» خېتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ۋە تىتۇسنىڭ جېكىلەشلىرىگە بويسۇنغان، ھەمدە گۇناھ سادىر قىلغان كىشى توۋا قىلغانىدى. پاۋلۇس بۇ ئىشلارغا خۇشاللىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ، ئۇشبۇ خەتنى يازىدۇ. پاۋلۇسنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سېلىپ ئۇلار مۇشۇ كىشىنى جامائەتتىن چىقىرىۋەتكەنىدى؛ پاۋلۇس ھازىر ئۇلارنى توۋا قىلغان كىشىنى جامائەتكە قايتىدىن قوبۇل قىلىشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ (1:2-11). 8:7-16نىمۇ كۆرۈڭ.

(بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە پاۋلۇسنىڭ ئىككىنچى خېتىدە تىلغا ئېلىنغان «توۋا قىلغان ئادەم» بىرىنچى خېتىدە (5-بابتا) تىلغا ئېلىنغان «جامائەتتىن چىقىرىلىش كېرەك بولغان» «ئۆز ئاتىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىدىغان» دېگەن كىشىگە ئوخشاش ئادەم بولىدۇ، دەيدۇ. لېكىن ئاشۇ كىشى «ئەتلىرى ھالاك قىلىنسۇن دەپ شەيتانىنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلغان». بىز ئۇنى شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلگەن، دەپ قارايمىز. بىرىنچى خەتتە تىلغان ئېلىنغان «ئەتلىرى ھالاك قىلىنسۇن دەپ شەيتانىنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلغان» كىشى «ئىككىنچى خېتى»دە تىلغا ئېلىنغان «توۋا قىلغان» كىشىنىڭ ئۆزىدۇر، دېگەنىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار دېيسەكمۇ، ئىككىسىنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى بىر-بىرىگە ئانچە ماس كەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئىككىنچى كىشىنىڭ باشقىلارغا «زىيان-زەخمەت يەتكۈزگۈچى كىشى» ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان (12:7).

(2) مەسىھ ئەيسا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشكىنىدىن كېيىن، يېرۇسالېمدىكى جامائەتنىڭ ئوچۇق قوللۇقى ۋە كۆكسى-قارنىنىڭ كەڭلىكى بىلەن، روسۇللار ھەم باشقا قېرىنداشلارغا كۆپ سەپەر قىلىپ خۇش خەۋەرنى تارقىتىش پۇرستى يارىتىپ بېرىلگەنىدى. ئەمما بۇ سېخىلىقى تۈپەيلىدىن ھەمدە ئۇچرىغان بەزى ئېغىر زىيانكەشلىكلەر تۈپەيلىدىن يېرۇسالېمدىكى جامائەتتىكىلەرنىڭ كۆپى ئىنتايىن نامرات ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ قەدىرلىك قېرىنداشلارنىڭ بەزىلىرى (يەھۇدىي «مىللەتچىلىك»ىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆسكەنلىكىدىن): — «تائىپىلەر (يەھۇدىي ئەمەسلەر) زادى نىجات تاپالمايدۇ» ھەتتا «خۇدا ئۇلارغا نىجاتتىنمۇ تېتىشقا يول قويمايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى. پاۋلۇس پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، سەپەرلىرىدە يوقلىغان «تائىپىلەر» (ياكى «يات ئەللىكلەر»)دىن تەركىب تاپقان جامائەتلەردىن، يەھۇدىي قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قولىمىزنى سۇنايلى دەپ ئۆتۈنۈشكە ۋە جېكىلەشكە باشلىدى. شۇ يول بىلەن ئۇلار پەقەت يەھۇدىي قېرىنداشلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپلا قالماي، بەلكى يەنە يەھۇدىي قېرىنداشلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ دەل «خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى تونىيالىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس» دەپ گۇمانلانغان يات ئەللىكلەرنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتىنى كۆرەلەيدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق جامائەتلەر ئارىسىدا خۇدانىڭ ئادەملەرنى بىرلەشتۈرگۈچى مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچىيدۇ. ئۇشبۇ خەتتىن بىر يىل ئىلگىرى، كورىنتتىكى جامائەتتىكىلەر قىزغىنلىق بىلەن ئىئانە

توپلايمىز دېگەن نىيەتنى بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا پاۋلۇس بۇ خەتتە، سىلەر نىيىتىڭلارغا ئەمەل قىلىپ، توپلىماقچى بولغان ئىئانىنى يېرۇسالېمغا ئاپىرىشقا تەييارلاڭلار، دەپ جېكىلەيدۇ (8-9-باب).

(3) خۇدانىڭ بەزى قەدىرلىك مۆمىن بەندىلىرىنىڭ بىر چاتىقى تۈزۈتۈلسە، يەنە بىر چاتاق پەيدا بولىدىغان ئوخشايدۇ. كورىنتتىكى جامائەتتىكىلەر شۇنداق بولغان بولسا كېرەك. كورىنتلىقلار پاۋلۇسنىڭ بىرىنچى خېتىدىكى ھەم كېيىنكى «دەرد-ئەلەملىك» خېتىدىكى جېكىلەشلىرىنى قوبۇل قىلغىنى بىلەن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنى بولسا «روسۇللار»، پاۋلۇسنى بولسا، «روسۇل ئەمەس» دەپ جاكارلايدىغان بىرنەچچە ئىبرانىي كاززاپ (جامائەتنىڭ ئۆزىدىن چىققانمۇ، ياكى سىرتتىن كەلگەنمۇ، بىلمەيمىز) پەيدا بولغانىدى. بەزىلىرى، پاۋلۇسنى تايىنى يوق، «مانا بىزنى يوقلايمەن دەپ ۋەدە قىلغىنى بىلەن يېنىمىزغا كەلمىدى، بەلكىم بىزلەر (ھەقىقىي روسۇللار!)دىن قورقۇپ كەتكەندۇ!» دېيىشىپ كەتكەنىدى. پاۋلۇس بۇ خەتتە، ئەمەلىيەتتە يېنىڭلارغا تېخىچە كەلمىگىنىمنىڭ سەۋەبى، سىلەرنى ئاياپ، مەن بارغۇچە ئۆزۈڭلارغا ئۆز ئىللەتلىرىڭلارنى تۈزەتكۈدەك ۋاقىت بېرەي دېدىم، دەيدۇ. بۇ ئاتالمىش «روسۇللار»نىڭ بەزىلىرى: «روسۇللارنىڭ جامائەتتىن قۇۋۋەتلىنىشكە ھوقۇقى بار» دەپ جامائەتنى قىستاپ پۇل ئۇندۇرمەكتە ئىدى، شۇنداقلا «مانا، پاۋلۇس ۋە بارناباس ھەقىقىي روسۇل ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى!» دەپ بىلجىرلىماقتا ئىدى. يەنە بەزىلىرى ھەتتا پاۋلۇسنى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى بوياپ «يېرۇسالېمدىكىلەر ئۈچۈن توپلىغان ئىئانە»نى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولدى، دېگەنىدى. پاۋلۇس خەتنىڭ بىرنەچچە يېرىدە، بولۇپمۇ 10-12-بابلاردا بۇ سېسىق سەپسەتىچىلىكلەرنى ۋە بۇ ساختا روسۇللارنىڭ ماختىنىشلىرىنى پاش قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا كورىنتتىكىلەرگە يات ئادەم بولۇپ قالغاندەك ئۇلاردىن ئۆزىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ (2:7-3). ئەمما شۇ گەۋدىلىككى، پاۋلۇس بۇ ئىشلار توغرۇلۇق مۇھىم تەنبىھى ۋە ئەيىبلەشلىرىنى خەتنىڭ ئاخىرىغا قالدۇرىدۇ؛ دېمەك، ئۇ ئاۋۋال كورىنتلىقلارنىڭ بۇرۇنقى خەتلىرىگە بولغان ياخشى ئىنكاسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ياردەم قولىنى ئايىمىغانلىقىنى تەرىپلىگەندىن كېيىن شۇ ئىشلار توغرۇلۇق تەنبىھ بېرىپ ئەيىبلەيدۇ.

(4) ئۇلار بىرىنچى خېتىگە ھەم «دەرد-ئەلەملىك» خېتىگە قۇلاق سېلىپ ئىشلارنى قىزغىنلىق بىلەن تۈزىتىكەندەك بولغان بولسىمۇ (11:7)، پاۋلۇستا ئۇلار كونا ئادەت-قىلمىشلىرىغا يېنىپ كېتەرمۇ دەيدىغان ئېغىر تەشۋىش بار ئىدى (19:12-10:13). ئۇنىڭ بارلىق خەتلىرىدە جېكىلىگىنىدەك، ئۇ ھەربىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئېتىقادچىلارنى ئالغا بېسىپ پاك-مۇقەددەسلىك ھەم مۇھەببەتنىڭ ھەر تەرەپتىكى كامالىتىگە ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلىدۇ. دەرۋەقە، مۇقەددەس روھتا ئىزچىل ئۆگىنىشكە ۋە خۇدانى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىنتىلىشنىڭ ئۆزى بىز قازانغان روھىي ھەقىقەتلەر ۋە مېۋىلەرنى قولدىن بەرمەسلىكنىڭ بىردىنبىر يولىدىن ئىبارەتتۇر.

پاۋلۇسنىڭ ئۇلارغا يازغان بىرىنچى خېتى توغرۇلۇق سۆزلىرىمىز ئىككىنچى خېتىگە ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ: —

«پاۋلۇسنىڭ شۇنچە كۆپ مەسىلىلىرى بولغان بۇنداق بىر جامائەتكە خەت يېزىشىغا مەجبۇر بولغانلىقىدىن خۇداغا مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى بىزنىڭ (مەيلى ئۆز شەخسىيىتىمىزنىڭ بولسۇن، جاھاندا بولغان جامائەتلەرنىڭ بولسۇن) ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن بۇگۈنكى قىيىنچىلىقلىرىمىز ۋە مەسىلىلىرىمىزدىن ئازاد قىلىنىش يولىنى تېپىشىمىزغا يېتەكلىگۈچى بولىدۇ».

بەلكىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، تەۋرات دەۋرىدە ئايۇپ پەيغەمبەر ئازاب تارتقان كۈنلەردە ئۈچ دوستىنىڭ ئۇنى سەۋەبسىز، ئاساسسىز تەنقىد قىلىشلىرى ئايۇپتىن ئۆزىنىڭ خۇدا بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتتە باغلانغان ئىچ-باغرىدىكى سىرلارنى ئاشكارىلايدىغان جاۋابلارنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، كورىنتتىكى جامائەتتە پاۋلۇسنى ۋىجدانسىز، پرىنسىپسىز تەنقىد قىلغۇچىلار بولمىغان بولسا، ئۇشبۇ خەت بولمايتتى، شۇنداقلا بىز خۇدانىڭ ئىنسانىنىڭ قەلبىدە ھاسىل قىلالايدىغان مۇھەببەتنىڭ شۇنچە چوڭقۇر يەرلىرى ۋە سىرلىرىدىن خەۋەرسىز قالاتتۇق. ئەمما بۇ ئاجايىب خېتى ئارقىلىق پاۋلۇسنىڭ قەلبىدە ئاشكارىلانغان، ئۆزىدە تۇرغان مۇھەببەتنىڭ بۇ سىرلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇق.

يەنە شۇنى قايتىلايمىزكى، خەتتە «بابلار» ۋە «ئايەتلەر»نىڭ بولۇشى، ئوقۇرمەن ئىشەنگۈچىلەرگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇلغان بولۇپ، ئەسلى خەتنىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئىدى. پاۋلۇس ئوقۇرمەنلەرنى بۇ خەتنى (بىر پۈتۈن

ھالدا) بىراقلا ئوقۇسۇن دەپ يازغانىدى.

«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بەزى قىيىن ئايەتلەر ۋە روسۇل كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن مەلۇم بىرنەچچە ھەقىقەت ئۈستىدە، شۇنداقلا ھازىرقى زامانىمىزدا بۇلارنى قانداق تەتبىقلاشقا بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىمىز.

خەت (چوڭقۇر مۇھەببەت-قىزغىنلىق بىلەن يېزىلغان باشقا كۆپ خەتلەردەك) رەتلىك ھالدا بۆلەكلەرگە بۆلۈنمىگەچكە، مەزمۇنلىرىنى بىز پەقەت تەخمىنىي ھالدا تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملىيالايمىز: —

## مەزمۇن: —

1:1-11 — سالام-دۇئالار؛
1:12-7-باب — پاۋلۇس بىلەن كورىنتتىكى جامائەتنىڭ مۇناسىۋىتى؛ پاۋلۇسنىڭ ئىلگىرىكى خېتىنىڭ تەسىرى؛ «خۇش خەۋەر»نىڭ «مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن»دىن ھەر تەرەپلىمىلىك ئۈستۈنلۈكى؛ «خۇش خەۋەر»نىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ خىزمەتنى قانداق يۈرگۈزۈشى كېرەكلىكى؛
8-9-بابلار — يېرۇسالېمدىكى نامرات ئېتىقادچىلار ئۈچۈن ئىئانە توپلاش؛
10-باب - 10:13 ساختا روسۇللار ھەم ھەقىقىي روسۇللار؛
13:11-13 ئاخىرقى تىلەكلەر

# كورىنتۇسلۇقلارغا «2»

## روسۇل پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ

1 [1]خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بېكىتىلگەن، مەسىھ ئەيسانىڭ
روسۇلى مەنكى پاۋلۇس ۋە قېرىنداش بولغان تىموتىيدىن
كورىنت شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان، خۇدانىڭ جامائىتىگە ۋە
شۇنىڭدەك پۈتكۈل ئاخايا ئۆلكىسىدىكى بارلىق مۇقەددەس
بەندىلەرگە سالام! [2]ئاتىمىز خۇدا ھەم رەب ئەيسا مەسىھتىن
سىلەرگە مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك بولغاي!
[3]رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئاتىسى، رەھىمدىللىقلارنىڭ
ئىگىسى ئاتا، بارلىق رىغبەت-تەسەللىنىڭ ئىگىسى
بولغان خۇداغا تەشەككۈر-مەدھىيە ئوقۇلغاي! [4]بىز
ئۇچرىغان ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتتە ئۇ بىزگە رىغبەت-
تەسەللى بېرىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز خۇدا تەرىپىدىن
رىغبەتلەندۈرۈلگەن بولۇپ ئۇ بىزگە يەتكۈزگەن رىغبەت-تەسەللى
بىلەن ھەرقانداق باشقا جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرىغانلارغا
رىغبەت-تەسەللى بېرەلەيدىغان بولدۇق. [5]چۈنكى، مەسىھنىڭ
ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بىز تەرەپكە ئېشىپ تاشقاندەك، مەسىھ

**1:1** فىل. 1:1.

**2:1** رىم. 7:1؛ 1كور. 3:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1.

**3:1** ئەف. 3:1؛ 1پېت. 3:1.

**4:1** 2كور. 6:7.

**ئارقىلىق بولغان رىغبەت-تەسەللىمىزمۇ ئېشىپ تاشىدۇ. [6-7] ئەمما**
**بىز جاپا-مۇشەققەتتە قالساقمۇ بۇ سىلەرنىڭ رىغبەت-تەسەللى**
**ۋە نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن بولىدۇ؛ بۇلار سىلەرنىڭ بىز تارتقان**
**ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە چىدىشىڭلار**
**بىلەن سىلەردىمۇ ھاسىل قىلىنىدۇ؛ بىز رىغبەت-تەسەللى تاپساقمۇ**
**ئۇ سىلەرنىڭ رىغبەت-تەسەللىرىڭلار ۋە نىجاتىڭلار ئۈچۈن بولىدۇ؛**
**شۇڭا بىزنىڭ سىلەرگە باغلىغان ئۈمىدىمىز مۇستەھكەمدۇر؛**
**چۈنكى سىلەر ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن ئورتاق نېسىۋىلىك بولساڭلار،**
**ئوخشاشلا رىغبەت-تەسەللىدىن ئورتاق نېسىۋىلىك بولىسىلەر دەپ**
**بىلىمىز. [8] چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، سىلەرنىڭ ئاسىيادا بىز دۇچ**
**كەلگەن جاپا-مۇشەققەتتىن خەۋەرسىز يۈرۈشۈڭلارنى خالىمايمىز؛**
**ئۇ ۋاقىتلاردا بىز چىدىغۇسىز ئېغىر بېسىمغا دۇچ كەلدۇق، ھەتتا**

---

5:1 **«مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بىز تەرەپكە ئېشىپ تاشقاندەك، مەسىھ ئارقىلىق بولغان رىغبەت-تەسەللىمىزمۇ ئېشىپ تاشىدۇ»** — «مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى» بولسا بەلكىم پاۋلۇس ۋە بۇرادەرلىرىنىڭ مەسىھكە باغلانغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇچرىغان زىيانكەشلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما پاۋلۇس بۇ ئىشلارنى خۇدادىن كەلگەن، بىرخىل ئىمتىياز ۋە بەرىكەت سۈپىتىدە قارايدۇ. «فىلىپپىلىقلارغا» بولغان «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە «مەسىھنىڭ ئازابلىرىغا بولغان سىرداش-ھەمدەملىك» توغرۇلۇق سۆزىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**5:1** زەب. 34:19؛ 94:19.

7-6:1 **«ئەمما بىز جاپا-مۇشەققەتتە قالساقمۇ بۇ سىلەرنىڭ رىغبەت-تەسەللى ۋە نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن بولىدۇ؛ بۇلار سىلەرنىڭ بىز تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە چىدىشىڭلار بىلەن سىلەردىمۇ ھاسىل قىلىنىدۇ»** — روسۇل پاۋلۇس ھەردائىم ئۆزى تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەر باشقىلاردا تەسەللى-رىغبەت ۋە نىجات ھاسىل قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دائىم ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بىرخىل بەخت ۋە ئىمتىياز سۈپىتىدە رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. «فىلىپپىلىقلارغا» بولغان «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە «مەسىھنىڭ ئازابلىرىغا بولغان سىرداش-ھەمدەملىك» توغرۇلۇق سۆزىمىزنىمۇ كۆرۈڭ. **«بىز رىغبەت-تەسەللى تاپساقمۇ ئۇ سىلەرنىڭ رىغبەت-تەسەللىرىڭلار ۋە نىجاتىڭلار ئۈچۈن بولىدۇ»** — مۇشۇ سۆزلەر بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە تېپىلمايدۇ. **«شۇڭا بىزنىڭ سىلەرگە باغلىغان ئۈمىدىمىز مۇستەھكەمدۇر»** — روسۇل، كورىنتتىكى قېرىنداشلىرىم ئازاب-ئوقۇبەتنى كۆرسىلا، بەلكىم ئېتىقادتىن تانىدۇ، دېگەن ئەنسىرەشتىن خالىي بولدۇم، دېمەكچى.

**7-6:1** 2كور. 4:17.

هاياتىنىڭ ئۈزىدىن ئۈمىد ئۈزگۈدەك بولغانىدۇق؛ [9]ئەمما ئۆزىمىزگە ئەمەس، بەلكى ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرگۈچى خۇداغا تايىنىشىمىز ئۈچۈن قەلبىمىزدە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغاندەك يۈرەتتۇق.
[10] ئۇ بىزنى بۇنداق دەھشەتلىك بىر ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان ۋە ھازىر قۇتقۇزماقتا، ۋە بىزنى يەنىلا قۇتقۇزىدۇ، دەپ ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىدۇق؛ [11] سىلەرمۇ بۇنىڭدا ھەم بىز ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەتلەر بىلەن مەدەت بېرىۋاتىسىلەر؛ شۇنداق قىلىپ تالاي ئادەملەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بىزگە كۆرسىتىلگەن ئىلتىپات تۈپەيلىدىن تالاي ئادەملەر خۇداغا رەھمەتلەر ئېيتىدىغان بولىدۇ.

## پاۋلۇسنىڭ زىيارەتنى كەينىگە سۈرۈشى

[12] چۈنكى پەخرىمىز، يەنى ۋىجدانىمىزنىڭ گۇۋاھلىقى شۇكى، خۇدانىڭ ئالدىدا ساپ نىيەتلەر ۋە سەممىيلىك بىلەن (ئىنسانىي پاراسەت بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن) بىز بۇ دۇنياغا نىسبەتەن ۋە بولۇپمۇ سىلەرگە نىسبەتەن ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالىدىغان بولدۇق. [13-14] چۈنكى سىلەرگە يازغىنىمىز ئوقۇيالايدىغان ۋە تونۇپ يېتەلەيدىغانىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس؛ لېكىن مەن سىلەرنىڭ بىزنى قىسمەن تونۇپ يەتكىنىڭلار بويىچە رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە سىلەر بىزنىڭ پەخرىمىز بولىدىغىنىڭلاردەك بىزلەرنىمۇ سىلەرنىڭ پەخرىڭلار بولىدۇ دەپ بىزنى تولۇق تونۇپ يېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. [15] شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ئىشەنچتە

---

**8:1** روس. 23:19.

9:1 **«ئەمما ۋزىمىزگە ئەمەس،...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «دەرۋەقە، ئۆزىمىزگە ئەمەس...».

**9:1** يەر. 5:17، 7.

**10:1** 1كور. 31:15.

**11:1** رىم. 30:15؛ 2كور. 15:4؛ فىل. 19:1.

14-13:1 **«چۈنكى سىلەرگە يازغىنىمىز ئوقۇيالايدىغان ۋە تونۇپ يېتەلەيدىغاندىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس؛ لېكىن مەن سىلەرنىڭ بىزنى قىسمەن تونۇپ يەتكىنىڭلار**

**بولۇپ مەن ئەسلىدە ئىككىنچى قېتىم سىلەرگە مېھىر-شەپقەتنى
يەتكۈزۈشكە ئاۋۋال سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارماقچىدىم؛ [16] يەنى،
قېشىڭلاردىن ماكېدونىيەگە ئۆتۈپ، ئاندىن ماكېدونىيەدىن يەنە
قېشىڭلارغا كېلىشنى، شۇنداقلا سىلەر تەرىپىڭلاردىن يەھۇدىيە
ئۆلكىسىگە ئۇزىتىلىشىمنى ئۈمىد قىلغانىدىم. [17] مەندە شۇنداق
نىيەت بولغاندا، مەن ئۇنى يېنىكلىك بىلەن قارار قىلغانمۇ؟ مەن
نىيەت قىلغاندا، مەندە «ئەتلىك» كىشىلەردىكىدەك: بىردەم
«بەرھەق، بەرھەق» ۋە بىردەم «ياق، ياق» دېيىش بارمۇ؟ [18] ئەمما خۇدا
ئۆز سۆزىدە تۇرغىنىدەك، بىزنىڭ سىلەرگە ئېيتقان سۆزىمىز بىردەم
«بەرھەق» ۋە بىردەم «ياق» بولمايدۇ؛ [19] چۈنكى بىز (مەن ۋە سىلۋانۇس
ۋە تىموتىي)نىڭ ئاراڭلاردا جاكارلىغىنىمىز ــ خۇدانىڭ ئوغلى، ئەيسا
مەسىھ، بىردەم «بەرھەق» ۋە بىردەم «ياق» ئەمەستۇر؛ بەلكى ئۇنىڭدا**

---

**بويىچە رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە سىلەر بىزنىڭ پەخرىمىز بولىدىغىنىڭلاردەك بىزلەرنىمۇ سىلەرنىڭ پەخرىڭلار بولىدۇ دەپ بىزنى تولۇق تونۇپ يېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن»** ــ كورىنتلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پاۋلۇس ۋە تىموتىينى چۈشەنمىگەن يەرلىرى تولا ئىدى. مۇشۇ يەردە پاۋلۇس ئۆزىنىڭ «ئۇلاردىن مۇستەقىل» تەكەببۇر ئادەم ئەمەسلىكىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ رىغبەتلەندۈرىدۇ. پاۋلۇس ئۆزىنى ئۇلارنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرىگە ئېھتىياجلىق، دەيدۇ (12). شۇڭا «رەب ئەيسانىڭ كۈنى» (دۇنياغا قايتىش كۈنى)دە ئۇلارنىڭ پاۋلۇس ھەم تىموتىيدا بولغان تۆھپىسى كۆرۈلىدۇ (دېمەك، شۇ كۈندە «بىزلەرمۇ سىلەرنىڭ پەخرىڭلار بولىمىز»).

15:1 **«ئاۋۋال سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارماقچىدىم»** ــ «ئاۋۋال» بەلكىم «ماكېدونىياغا بېرىشتىن ئاۋۋال» دېگەن مەنىدە (16-ئايەت، «1كور.» 16:5-6، «2كور.» 12:2نى كۆرۈڭ).

**15:1** 1كور. 16:5.

17:1 **«مەندە شۇنداق نىيەت بولغاندا، مەن ئۇنى يېنىكلىك بىلەن قارار قىلغانمۇ؟»** ــ پاۋلۇسنىڭ بۇ ئوي-نىيىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغانىدى. شۇڭا كورىنتلىقلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى «تۇتامى يوق ئادەم» دەپ ئەيىبلەيتتى. **«مەن نىيەت قىلغاندا، مەندە «ئەتلىك» كىشىلەردىكىدەك: بىردەم «بەرھەق، بەرھەق» ۋە بىردەم «ياق، ياق» دېيىش بارمۇ؟»** ــ ««ئەتلىك» كىشىلەردىكىدەك» دېگەن نېمە مەنىسى؟ «ئەتلىك» بولسا ئىنسانلارنىڭ ئادەتتە ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى، ئۇلارغا تايانماسلىق كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ قارغۇلارچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى «ئەت» توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ

**18:1** مات. 5:37؛ ياق. 5:12.

**«بەرھەق»لا باردۇر. [20] چۈنكى خۇدانىڭ قانچىلىك ۋەدىلىرى بولۇشىدىن**
**قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۇنىڭدا «بەرھەق»تۇر، ۋە بىز ئارقىلىق ئۇنىڭدىمۇ**
**خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان «ئامىن» باردۇر. [21] ئەمدى بىزلەرنى**
**سىلەر بىلەن بىللە مەسىھدە چىڭ تۇرغۇزغۇچى بولغىنى ھەم بىزنى**
**مەسىھلىگىنى بولسا خۇدادۇر. [22] ئۇ يەنە ئۇستىمىزگە مۆھۈر بېسىپ،**
**قەلبىمىزگە ئۆز روھىنى «كاپالەت» بولۇشقا ئاتا قىلدى.**

---

19:1 **«سىلۋانۇس»** ــ شۈبھىسىزكى، ئىنجىلدىكى باشقا يەرلەردە «سىلاس» شەكلىدە ئۇچرايدۇ (مەسىلەن، «روس.» 5:18).

20:1 **«چۈنكى خۇدانىڭ قانچىلىك ۋەدىلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۇنىڭدا «بەرھەق»تۇر، ۋە بىز ئارقىلىق ئۇنىڭدىمۇ خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان «ئامىن» باردۇر»** ــ «ئامىن» دېگەن سۆز دۇئاغا، مەلۇم ئارزۇ-تىلەككە ياكى مەلۇم ۋەز-تەلىمگە «شۇنداق بولغاي، خۇدايىم!»، «قوشۇلدۇم!» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

21:1 **«بىزلەرنى سىلەر بىلەن بىللە مەسىھدە چىڭ تۇرغۇزغۇچى بولغىنى ھەم بىزنى مەسىھلىگىنى بولسا خۇدادۇر»** ــ «مەسىھلىنىش» ياكى «مەسىھ قىلىنىش»نىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەۋرات «يەش.» 1:61دىكى ئىزاھاتنى ۋە «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ. رەب ئەيسا مەسىھ خىزمىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇقەددەس روھ بىلەن «مەسىھ قىلىنىپ» كۆچەيتىلگەندەك، ھەربىر ئېتىقادچى ئوخشاشلا مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلغىنىدا، خۇدا بىزگە تاپشۇرغان خىزمەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ روھى (مۇقەددەس روھ) بىلەنمۇ «مەسىھ قىلىنىدۇ» شۇنداقلا روھتا كۈچەيتىلگەن بولىدۇ.

22:1 **«ئۇ يەنە ئۇستىمىزگە مۆھۈر بېسىپ...»** ــ (مۇقەددەس روھ بىلەن) «مۆھۈر بېسىش» توغرۇلۇق «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. مۇقەددەس روھنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان ئادەملىرىنىڭ ئۇستىگە: «مېنىڭكىدۇر» دەپ باسقان ئىگىدارچىلىق مۆھۈرىدۇر. **«قەلبىمىزگە ئۆز روھىنى «كاپالەت» بولۇشقا ئاتا قىلدى»** ــ «ئۆز روھى» گرېك تىلىدا پەقەت «روھ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «كاپالەت» توغرۇلۇق: ــ بۇ ئايەت تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىدۇ: ــ

ــ(1) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ «تولۇق مىراس»نى ئىگىلىۋالغۇچە، مۇقەددەس روھ ھەربىر ئىشەنگەن ئادەمنىڭ قەلبىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا بۇ مىراسنى تېتىتىپ، ۋۇجۇدىدا مىراسنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ــ(2) يەنە كېلىپ، مۇقەددەس روھنىڭ ئىشەنگۈچىنىڭ قەلبىدە تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بۇ مىراسقا چوقۇم ئېرىشىدىغانلىقىغا خۇدانىڭ ئۆز كاپالىتىدۇر.

**22:1** رىم. 16:8؛ 2كور. 5:5؛ ئەف. 13:1؛ 30:4.

## روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئۇلارنى يوقلاپ بېرىشنى كېچىكتۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى

[23] ئەمما خۇدانى ئۆز جېنىمغا گۇۋاھچى بولۇشقا چاقىرىمەنكى،
كورىنتقا تېخى بارمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى كۆڭلۈڭلارنى ئاياش
ئۈچۈن ئىدى. [24] بىز ھەرگىز ئىمان-ئېتىقادىڭلار ئۈستىگە ھۆكۈم
سۈرگۈچىلەر ئەمەسمىز، بەلكى سىلەرنىڭ شاد-خۇراملىقىڭلارنى
ئاشۇرۇشقا سىلەرگە ھەمكارلاشقۇچىلارمىز؛ چۈنكى سىلەر ئېتىقاد
ئارقىلىقلا مەزمۇت تۇرىسىلەر.

2 [1] لېكىن مەن ئىچىمدە، قېشىڭلارغا بارسام يەنە ئازار ئېلىپ
بارمايمەن دېگەن قارارغا كەلدىم. [2] چۈنكى ئەگەر مەن سىلەرگە
ئازار بەرسەم، مېنىڭ تۈپەيلىمدىن ئازار يېگەنلەردىن باشقا
قايسىبىرى مېنى شادلاندۇرالىسۇن؟ [3] مەن ئەسلى مېنى شادلاندۇرۇشى
تېگىشلىك بولغانلاردىن ئەكسىچە ئازار يەپ قالماي دېگەن مەقسەتتە
شۇ خەتنى يازدىم؛ چۈنكى مېنىڭ شادلىقىم سىلەر ھەممىڭلارنىڭمۇ
شادلىقىدۇر دەپ سىلەر ھەممىڭلارغا ئىشەنچ باغلىدىم. [4] چۈنكى
ئەسلىدە ئۆزۈم ئېغىر ئازاب ئىچىدە قەلبىمدىكى دەرد-ئەلەمدىن كۆپ
كۆز ياشلىرىمنى تۆككۈزۈپ تۇرۇپ سىلەرگە شۇ خەتنى يازغانىدىم؛

**23:1** رىم. 1:9؛ 9:1؛ 2كور. 11:31؛ گال. 1:20؛ فىل. 1:8؛ 1تېس. 2:5؛ 1تىم. 5:21؛ 2تىم. 4:1.

**24:1** 1پېت. 5:3.

1:2 **«لېكىن مەن ئىچىمدە، قېشىڭلارغا بارسام يەنە ئازار ئېلىپ بارمايمەن دېگەن قارارغا كەلدىم»** ــ بۇ جۈملىدىن كۆرىمىزكى، پاۋلۇسنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىشى ئىككىلا تەرەپكە ئېغىر، ئازارلىق ئىش ئىدى. «ئىچىمدە ... قارارغا كەلدىم» دېگەن سۆز بەلكىم پەقەت ئۇلارنى دەپ ئەمەس، بەلكىم «ئۆزۈمگىمۇ ئازابلىق بولمىسۇن» دەپ شۇنداق قارار قىلدىم، دەپ پۈرىتىدۇ.

3:2 **«مەن ئەسلى مېنى شادلاندۇرۇشى تېگىشلىك بولغانلاردىن ئەكسىچە ئازار يەپ قالماي دېگەن مەقسەتتە شۇ خەتنى يازدىم»** ــ «شۇ خەت» بولسا «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، «كورىنتلىقلارغا (1)» ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر خەتنى كۆرسىتىدۇ.

**3:2** 2كور. 8:22؛ گال. 5:10.

مەقسىتىم سىلەرگە ئازار بېرىش ئەمەس، بەلكى سىلەرگە چوڭقۇر
باغلانغان، ئېشىپ تاشقان مۇھەببىتىمنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئىدى.

## گۇناھكارنى قايتىدىن قوبۇل قىلىش

[5] ئەمما بىرەرسى ئازار يەتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ ئازار يەتكۈزگىنى
مەن ئەمەس دەيمەن، ئۇ بەلكى مەلۇم دەرىجىدە (بۇ ئىشنى زىيادە
ئېغىر قىلغۇم يوق) ھەممىڭلارغا ئازار يەتكۈزدى. [6] بۇنداق ئادەمنىڭ
كۆپىنچىڭلار تەرىپىدىن تەنبىھلەنگىنى يېتەرلىكتۇر؛ [7] شۇڭا ھازىر
ئەكسىچە، سىلەر ئۇنىڭغا مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ رىغبەت-
تەسەللى بېرىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ؛ بولمىسا بۇنداق بىر كىشى
بەلكىم غايەت زور دەرد-ئەلەمدىن ئۆزىنى يوقىتىشىمۇ مۇمكىن.
[8] شۇڭا مەن سىلەرگە ئۇنىڭغا مۇھەببىتىڭلارنى ئىسپاتلىشىڭلارنى
جېكىلەيمەن. [9] شۇ خېتىمنى يەنە بىر مەقسەتتە، يەنى سىلەرنىڭ
ھەممە ئىشلاردا ئىتائەتمەن ياكى ئىتائەتمەن ئەمەسلىكىڭلارنى
سىناپ بىلىشىم ئۈچۈن يازدىم. [10] لېكىن سىلەر قايسىبىرىنى
مەلۇم ئىش ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلغان بولساڭلار، مەنمۇ ھەم ئۇنى
شۇنداق قىلغان بولىمەن؛ مەنمۇ مەلۇم بىر ئىشنى كەچۈرۈم
قىلغىنىمدا (بىرەر ئىشنى كەچۈرۈم قىلغان بولسام)، مەن سىلەرنى
دەپ مەسىھنىڭ ھۇزۇرىدا شۇنداق قىلدىم. [11] شۇنىڭ بىلەن شەيتان

---

6:2 **«بۇنداق ئادەمنىڭ كۆپىنچىڭلار تەرىپىدىن تەنبىھلەنگىنى يېتەرلىكتۇر»** — بەزى ئالىملار «بۇنداق ئادەم»نى پاۋلۇس بىرىنچى خېتىدە ئالاھىدە ئەيىبلىگەن كىشى («1كور.» 5-باب) دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە بولسا ئۇ كېيىنكى، كۆپ ئادەملەرگە «ئازار بەرگەن»، «زىيان-زەخمەت قىلغۇچى» يەنە بىر كىشى ئىدى (12:7 ۋە «كىرىش سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ).

**6:2** 1كور. 3:5.

9:2 **«شۇ خېتىمنى يەنە بىر مەقسەتتە، يەنى سىلەرنىڭ ھەممە ئىشلاردا ئىتائەتمەن ياكى ئىتائەتمەن ئەمەسلىكىڭلارنى سىناپ بىلىشىم ئۈچۈن يازدىم»** — «ھەممە ئىشلاردا ئىتائەتمەن ياكى ئىتائەتمەن ئەمەسلىكىڭلار»: پاۋلۇس ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىتائەتمەن بولۇشى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۇنىڭ ئارقىلىق كەلگەن سۆزىگە ئىتائەتمەن بولۇشىنى خالايتتى، ئەلۋەتتە.

10:2 **«مەنمۇ مەلۇم بىر ئىشنى كەچۈرۈم قىلغىنىمدا ... مەن سىلەرنى دەپ مەسىھنىڭ**

**بىزدىن ھېچ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمەيدۇ؛ چۈنكى بىز ئۇنىڭ**
**ھىيلە-مىكىرلىرىدىن بىخەۋەر ئەمەسمىز.**
**[12] ئەمدى مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنى جاكارلاشقا تروئاس شەھىرىگە**
**كەلگىنىمدە ۋە شۇنداقلا رەب تەرىپىدىن پۇرسەت ئىشىكى ماڭا**
**ئېچىلغىنى بىلەن، [13] قېرىندىشىم تىتۇسنى تاپالمىغىنىم**
**تۈپەيلىدىن روھىم ئارام تاپمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن مەن شۇ يەردىكىلەر**
**بىلەن خوشلىشىپ، ماكېدونىيەگە سەپەر ئالدىم. [14] ئەمما بىزنى**
**مەسىھدە ھەمىشە تەنتەنە بىلەن غالىبانە باشلايدىغان، بىز ئارقىلىق ھەر**
**يەردە ئۇنى تونۇشتىن ئىبارەت خۇشپۇراقنى چاچقۇچى خۇداغا تەشەككۈر**
**! [15] چۈنكى بىز خۇداغا يەتكۈزۈلۈۋاتقان مەسىھنىڭ خۇشپۇرىقىدۇرمىز،**

---

**ھۇزۇرىدا شۇنداق قىلدىم»** ــ «مەسىھنىڭ ھۇزۇرىدا»: باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «مەسىھنىڭ ۋۇجۇدىدا» ياكى «مەسىھنىڭ شەخسىيىتىدە» (دېمەك، مەسىھنىڭ ئورنىدا ياكى مەسىھنىڭ نامىدا). بۇنىڭ ۋە تەرجىمىمىزنىڭ مەنىسى ئارىسىدا چوڭ پەرق يوق.

11:2 **«شۇنىڭ بىلەن شەيتان بىزدىن ھېچ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمەيدۇ؛ چۈنكى بىز ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن بىخەۋەر ئەمەسمىز»** ــ بۇ ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

12:2 **«شۇنداقلا رەب تەرىپىدىن پۇرسەت ئىشىكى ماڭا ئېچىلغىنى بىلەن...»** ــ گرېك تىلىدا «شۇنداقلا رەبدە پۇرسەت ئىشىكى ماڭا ئېچىلغىنى بىلەن...».

**12:2** روس. 8:16.

13:2 **«قېرىندىشىم تىتۇسنى تاپالمىغىنىم تۈپەيلىدىن روھىم ئارام تاپمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن مەن شۇ يەردىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ماكېدونىيەگە سەپەر ئالدىم»** ــ زور مۇمكىنچىلىكى باركى، تىتۇس كورىنتتىكى قېرىنداشلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلمەكچى بولغان، لېكىن تېخى تروئاسقا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كورىنتلىقلارنىڭ غېمىنى يەۋاتقان پاۋلۇس تروئاستا تۇرغىنىدا كۆڭلى ئارام تاپمىدى. گەرچە خۇش خەۋەرنى جاكارلاشقا «پۇرسەت ئىشىكى ئېچىلغان» بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىڭدىن (ۋاقتىنچە) پايدىلانماي كورىنتلىقلارنىڭ خەۋىرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن تىتۇسنى ئىزدەپ ئۇ يەردىن كەتتى. بىر يىلدىن كېيىنمۇ تروئاستىكى بۇ «پۇرسەت ئىشىكى» تېخى ئوچۇق تۇرغان بولسا كېرەك («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 6:20).

14:2 **«ئەمما بىزنى مەسىھدە ھەمىشە تەنتەنە بىلەن غالىبانە باشلايدىغان...خۇداغا تەشەككۈر!»** ــ «غالىبانە باشلايدىغان» گرېك تىلىدىكى بۇ سۆز ئادەتتە سەردار ياكى پادىشاھ زەپەر قۇچقان قوشۇنىنى شەرەپلىك، تەنتەنىلىك يۈرۈشتە ئۆز يۇرتىغا باشلايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ

**14:2** كول. 27:1.

ھەم قۇتقۇزۇلۇۋاتقانلار ئارىسىدا ھەم ھالاكەتكە كېتىۋاتقانلار ئارىسىدا شۇنداقمىز؛ [16] كېيىنكىلەرگە ئۆلۈمگە بولغان ئۆلۈمنىڭ پۇرىقى، ئالدىنقىلارغا ھاياتلىققا بولغان ھاياتلىقنىڭ پۇرىقىدۇرمىز؛ ئەمدى مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن كىم چىقالايدۇ؟ [17] چۈنكى بىز كۆپ كىشىلەرنىڭ قىلغىنىدەك خۇدانىڭ كالام-سۆزىنى سودا-سېتىق ئىشى قىلمايمىز؛ ئەكسىچە بىز سەمىمىيلىك بىلەن خۇدا ئالدىدا خۇدادىن ئەۋەتىلگەنلەر سۈپىتىدە مەسىھدە سۆزلەيمىز.

## يېڭى ئەھدىنىڭ خىزمەتكارلىرى

3 [1] بىز يەنە ئۆزىمىزنى تەۋسىيە قىلغىلى تۇرۇۋاتامدۇق؟ ياكى باشقا بەزىلەرگە كېرەك بولغاندەك، سىلەرگە يېزىلغان ياكى سىلەر يازغان تەۋسىيىنامىلەر بىزگە كېرەكمۇ؟ [2] سىلەر ئۆزۈڭلار بىزنىڭ تەۋسىيىنامىمىزدۇرسىلەر، قەلبىمىزدە پۈتۈلگەن، ھەر ئىنسانغا تونۇش بولغان ۋە ئوقۇلىدىغان. [3] سىلەرنىڭ بىز تەرىپىمىزدىن پەرۋىش قىلىنغان، مەسىھنىڭ مەكتۇپى ئىكەنلىكىڭلار ئايان بولدى (بۇ مەكتۇپ سىياھ بىلەن ئەمەس، بەلكى تىرىك خۇدانىڭ روھى بىلەن يېزىلغان، تاش تاختايلارغا ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ

---

16:2 **«كېيىنكىلەرگە ئۆلۈمگە بولغان ئۆلۈمنىڭ پۇرىقى، ئالدىنقىلارغا ھاياتلىققا بولغان ھاياتلىقنىڭ پۇرىقىدۇرمىز»** — بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم شۇنداقكى: — «ھالاكەتكە كېتىۋاتقانلار» بولسا، «روھىي ئۆلۈم»دە تۇرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ شۇ خەتەرلىك ئەھۋالىنى خۇدانىڭ ئادەملىرى ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ؛ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى تېپىۋاتقانلارغا بولسا، خۇدانىڭ ئادەملىرى ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ خۇشبۇيىنى، ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ھايات-تۇرمۇشى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بىلدۈرىدۇ.

**16:2** لۇقا 2:34.

**1:3** 2كور. 12:5؛ 8:10.

2:3 **«سىلەر ئۆزۈڭلار بىزنىڭ تەۋسىيىنامىمىزدۇرسىلەر، قەلبىمىزدە پۈتۈلگەن، ھەر ئىنسانغا تونۇش بولغان ۋە ئوقۇلىدىغان»** — دېمەك، كورىنتتىكى ئېتىقادچىلارنىڭ نىجاتنى يېڭى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا مۆتلەق ئۆزگەرتىلگەن يېڭى يۈرۈش-تۇرۇشلىرى پاۋلۇسنىڭ ئەجرىنىڭ ھەر ئادەمگە كۆرۈنەرلىك بولغان مېۋىسى، ئۇنىڭ ھەقىقىي روسۇل ئىكەنلىكىگە ئىسپات ئىدى.

**ئەتلىك تاختايلىرىغا پۈتۈكلۈكتۇر). [4]ئەمدى بىزنىڭ مەسىھ
ئارقىلىق خۇداغا قارايدىغان شۇنچە زور ئىشەنچىمىز بار؛ [5]ئۆزىمىزنى
بىرەرنەرسىنى قىلغۇدەك ئىقتىدارىمىز بار دەپ چاغلىغىنىمىز
يوقتۇر؛ ئىقتىدارلىقىمىز بولسا بەلكى خۇدادىندۇر.
[6]ئۇ بىزنى يېڭى ئەھدىنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇشقا ئىقتىدارلىق
قىلدى؛ بۇ ئەھدە پۈتۈكلۈك سۆز-جۈملىلەرگە ئەمەس، بەلكى روھقا
ئاساسلانغان. چۈنكى پۈتۈكلۈك سۆز-جۈملىلەر ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ؛
لېكىن روھ بولسا ئادەمگە هايات كەلتۈرىدۇ. [7]ئەمما سۆز-جۈملىلەر
بىلەن تاشلارغا ئويۇلغان، ئۆلۈم كەلتۈرىدىغان خىزمەت شان-شەرەپ
بىلەن بولغان ۋە شۇنداقلا ئىسرائىللار مۇسانىڭ يۈزىدە جۇلالانغان
شان-شەرەپتىن ئۇنىڭ يۈزىگە كۆزلىرىنى تىكىپ قارىيالمىغان يەردە**

---

3:3 **«سىلەرنىڭ بىز تەرىپىمىزدىن پەرۋىش قىلىنغان، مەسىھنىڭ مەكتۇپى ئىكەنلىكىڭلار»** — «پەرۋىش قىلىنغان» ياكى «يەتكۈزۈلىدىغان، يوللانغان». گرېك تىلىدا «كۆيۈنۈپ بېقىلغان» ياكى «خىزمىتى قىلىنغان». **«بۇ مەكتۇپ سىياھ بىلەن ئەمەس، بەلكى تىرىك خۇدانىڭ روھى بىلەن يېزىلغان، تاش تاختايلارغا ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ ئەتلىك تاختايلىرىغا پۈتۈكلۈكتۇر»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن «تاش تاختىلار»غا پۈتۈكلۈك ئىدى. مۇشۇ يەردىكى «ئەتلىك» سەلبىي مەنىدە ئەمەس، بەلكىم «يۇمشاق، قاتتىق بولمىغان»، «تاش»نىڭ ئەكسىنى بىلدۈرىدۇ.

**3:3** مىس. 12:24؛ 1:34؛ يەر. 33:31؛ ئەز. 19:11؛ 26:36؛ ئىبر. 10:8.

6:3 **«ئۇ بىزنى يېڭى ئەھدىنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇشقا ئىقتىدارلىق قىلدى؛ بۇ ئەھدە پۈتۈكلۈك سۆز-جۈملىلەرگە ئەمەس، بەلكى روھقا ئاساسلانغان»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «پۈتۈكلۈك سۆز-جۈملىلەر» مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇننى، يەنى «كونا ئەھدە»نى كۆرسىتىدۇ؛ «روھ» بولسا خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. «يېڭى ئەھدە» توغرۇلۇق «يەر.» 31:31-34 ۋە «يەرەمىيا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ. **«چۈنكى پۈتۈكلۈك سۆز-جۈملىلەر ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ؛ لېكىن روھ بولسا ئادەمگە هايات كەلتۈرىدۇ»** — بۇ سۆزلەرنىڭ تولۇق مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «رىم.» 3:19-23، 7-باب ۋە 1:8-16نى كۆرۈڭ. «روھ» خۇدانىڭ روھى، ئەلۋەتتە.

**6:3** 2كور. 18:5؛ ئىبر. 6:8، 8.

(گەرچە شۇ شان-شەرەپ هازىر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ)، [8] روھ
بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان خىزمەت تېخىمۇ شان-شەرەپلىك بولمامدۇ؟
[9] چۈنكى ئادەمنىڭ گۇناھىنى بېكىتىدىغان خىزمەت شەرەپلىك
بولغان يەردە، ئىنسانىنى ھەققانىي قىلىدىغان خىزمەتنىڭ شەرىپى
تېخىمۇ ئېشىپ تاشمامدۇ!؟ [10] چۈنكى ئەسلىدە شان-شەرەپلىك
بولغان ئىشنىڭ ھازىرقى غايەت زور شان-شەرەپلىك ئىشنىڭ
ئالدىدا ھېچقانداق شان-شەرەپلىكلىكى يوقتۇر؛ [11] چۈنكى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلغان ئىش ئەسلىدە شان-شەرەپ بىلەن كەلتۈرۈلگەن
يەردە، ھازىر ئورنىنى باسقان ئىش تېخىمۇ شان-شەرەپلىك
بولىدۇ. [12] بىزدە شۇنچە زور شۇنداق بىر ئۈمىد بولغانىكەن،
بىز تولىمۇ يۈرەكلىك بولىمىز. [13] بىز ئىسرائىللارنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلىدىغان ئەھدىنىڭ پارلاق نۇرىغا كۆزىنى تىكىپ قاراشنىڭ
ئاقىۋىتىگە ئۇچراپ كەتمىسۇن دەپ يۈزىگە چۈمپەردە تارتىۋالغان
مۇساغا ئوخشىمايمىز. [14] ئەمما ئۇلارنىڭ ئوي-كۆڭۈللىرى

---

7:3 **«ئىسرائىللار مۇسانىڭ يۈزىدە جۇلالانغان شان-شەرەپتىن ئۇنىڭ يۈزىگە كۆزلىرىنى تىكىپ قارىيالمىغان يەردە»** ــ بۇ ۋەقە «مىس.» 34:29-35دە خاتىرىلەنگەن. **«گەرچە شۇ شان-شەرەپ ھازىر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «گەرچە شۇ نۇر ئاستا-ئاستا يوقىلىۋاتقان بولسىمۇ». پاۋلۇس بۇ ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى بەلكىم ئەتەي ئىشلەتكەن، شۇڭا ئىككىلا تەرجىمىسى بەلكىم توغرىدۇر.

**7:3** مىس. 12:24؛ 1:34، 30؛ قان. 1:10.

11:3 **«چۈنكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىش ئەسلىدە شان-شەرەپ بىلەن كەلتۈرۈلگەن يەردە،...»** ــ «ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىش» ياكى «ئاجىزلاپ يوقىلىۋاتقان ئىش».

12:3 **«بىز تولىمۇ يۈرەكلىك بولىمىز»** ــ ياكى «بىز جاسارەتلىك سۆزلەيمىز».

13:3 **«ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان ئەھدە»** ــ «كونا ئەھدە»نىڭ «ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى»نى تولۇقراق چۈشىنىش ئۈچۈن «رىم.» 19:3-25:4، 7:7-8:4، «گال.» 2:1-7:4نى ئوقۇڭ) —باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۆچۈپ كېتىۋاتقان ئەھدە...». **«ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان ئەھدىنىڭ پارلاق نۇرىغا كۆزىنى تىكىپ قاراشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۇچراپ كەتمىسۇن دەپ...»** ــ «قاراشنىڭ ئاقىۋىتى» ــ بىز بۇ سۆزنى شۇ مەنىدە چۈشىنىمىزكى، كونا ئەھدە (مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن) ئاستىدا، ئىنسانىنىڭ گۇناھقا پاتقان ھالىتى پاش قىلىنغاچقا، خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە بىۋاستە قاراشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بولاتتى. «مىس.» 34:34نى كۆرۈڭ.

**13:3** مىس. 35:34؛ رىم. 4:10.

قاداقلاشقانىدى؛ چۈنكى بۈگۈنگە قەدەر كونا ئەھدىنى ئوقۇغىنىدا
مۇشۇ چۈمپەردە ئېلىۋېتىلمەي كەلدى؛ چۈنكى پەقەت مەسىھدە
بولغاندىلا ئۇ ئېلىپ تاشلىۋېتىلىدۇ. [15] ئەمما بۈگۈنگە قەدەر،
مۇسانىڭ يازمىلىرى ئوقۇلغىنىدا شۇ چۈمپەردە يەنىلا قەلبىنى
يېپىۋالماقتا. [16] ئەمما ھەركىم رەبگە قاراپ بۇرۇلسا، چۈمپەردە
ئېلىپ تاشلىنىدۇ. [17] ئەمما رەب شۇ روھتۇر؛ ۋە رەبنىڭ روھى قەيەردە
بولسا، شۇ يەردە ھۆرلۈك بولىدۇ. [18] ۋە بىز ھەممىمىزنىڭ يۈزىمىز
چۈمپەردىسىز ھالدا رەبنىڭ شان-شەرىپىگە قارىغىنىدا، ئۇنىڭ
ئوخشاش سۈرىتىدە بولۇشقا روھ بولغان رەب تەرىپىدىن شان-
شەرەپ ئۈستىگە شان-شەرەپ قوشۇلۇپ ئۆزگەرتىلمەكتىمىز.

## پاۋلۇسنىڭ جامائەتلەرنىڭ خىزمىتىدە بولغان چىداملىق، سەۋر-تاقەتلىكى ـ خىزمەتتە چىداملىق

4 [1] شۇڭا خۇدا بىزگە رەھىم-شەپقەت كۆرسەتكەندەك، بۇ خىزمەت
بىزگە ئامانەت قىلىنغانىكەن، بىز بەل قويۇۋەتمەيمىز؛
[2] ئەمدىلىكتە شەرمەندىلىككە ئائىت يوشۇرۇن ئىشلارنى تاشلاپ،

---

14:3 **«چۈنكى بۈگۈنگە قەدەر كونا ئەھدىنى ئوقۇغىنىدا مۇشۇ چۈمپەردە ئېلىۋېتىلمەي كەلدى...»** ــ «كونا ئەھدە» مۇشۇ يەردە، بولۇپمۇ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇننى، يەنى تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش»تىن «قانۇن شەرھى»گىچە بولغان بەش قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

**14:3** يەش. 6:10؛ ئەز. 2:12؛ مات. 11:13؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11.

**16:3** مات. 11:13؛ رىم. 23:11؛ 1كور. 10:2.

17:3 **«ئەمما رەب شۇ روھتۇر»** ــ «روھ» بولسا خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى»، يەنى «يېڭى ئەھدە» ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئېلىپ كېلىدىغان روھنى كۆرسىتىدۇ.

**17:3** يۇھ. 24:4.

18:3 **«بىز ھەممىمىزنىڭ يۈزىمىز چۈمپەردىسىز ھالدا رەبنىڭ شان-شەرىپىگە قارىغىنىدا، ئۇنىڭ ئوخشاش سۈرىتىدە بولۇشقا روھ بولغان رەب تەرىپىدىن شان-شەرەپ ئۈستىگە شان-شەرەپ قوشۇلۇپ ئۆزگەرتىلمەكتىمىز»** ــ «ئوخشاش سۈرىتى» (ياكى «ئوخشاش سۈرەت-ئوبرازى») ــ رەب ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ سۈرىتى.

**18:3** 1كور. 12:13؛ 2كور. 7:5.

نە ئالدامچىلىقتا ماڭماي، نە خۇدانىڭ سۆزىنى بۇرمىلىماي، بەلكى
ھەقىقەتنى ئەينەن ئايان قىلىش بىلەن خۇدا ئالدىدا دۇرۇسلۇقىمىزنى
ھەر ئادەمنىڭ ۋىجدانىغا كۆرسىتىمىز. 3 ئەمما خۇش خەۋىرىمىز
چۈمكەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ھالاك بولۇۋاتقانلارغا نىسبەتەن چۈمكەلدى؛
4 چۈنكى خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى بولغان مەسىھنىڭ شان-شەرىپى
توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە يورۇمىسۇن
دەپ، بۇ زاماننىڭ ئىلاھى ئېتىقادسىزلارنىڭ ئوي-زېھنىلىرىنى كور
قىلدى. 5 چۈنكى بىز ئۆزىمىزنى ئەمەس، بەلكى مەسىھ ئەيسانى رەب،
شۇنىڭدەك ئۆزىمىزنى ئەيسا ئۈچۈن سىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلار دەپ
ئېلان قىلىمىز. 6 چۈنكى «قاراڭغۇلۇقتىن نۇر يورۇسۇن» دەپ بۇيرۇغان
خۇدا، مەسىھنىڭ دىدارىدىن ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى تونۇتۇشقا
بولغان يورۇقلۇقنىڭ بىز ئارقىلىق چېچىلىشى ئۈچۈن، بىزنىڭ
قەلبىمىزنى يورۇتقاندۇر.

## مەڭگۈلۈك شان-شەرەپنىڭ زور ۋەزنى

7 ئەمما قۇدرەتنىڭ غايەت زورلۇقى بىزدىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن
بولغانلىقى كۆرۈنسۇن دەپ بۇ گۆھەرگە ساپال ئىدىشلاردا قاچىلاقلىق

---

**2:4** 2كور. 2:17؛ 2كور. 4:6

**3:4** 2كور. 2:15؛ 2تېس. 2:10.

**4:4** **«بۇ زاماننىڭ ئىلاھى ئېتىقادسىزلارنىڭ ئوي-زېھنىلىرىنى كور قىلدى»** — «بۇ زاماننىڭ ئىلاھى» شەيتان، ئىبلىس.

**4:4** يەش. 10:6؛ يۇھ. 40:12؛ 9:14. فىل. 6:2. كول. 15:1. ئىبر. 3:1.

**5:4** **«بىز ئۆزىمىزنى ئەمەس، بەلكى مەسىھ ئەيسانى رەب، شۇنىڭدەك ئۆزىمىزنى ئەيسا ئۈچۈن سىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلار دەپ ئېلان قىلىمىز»** — «خىزمەتكارلار» مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا «قۇللار» دېيىلىدۇ. دېمەك، ئۆزىنى (ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن) باشقا بىرىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ساتقان كىشىلەر.

**6:4** يار. 3:1؛ 2پېت. 19:1.

هالدا ئىگىدارلىق قىلىمىز. [8] مانا بىز ھەرتەرەپتە قىستىلىپ قالدۇق،
ئەمما يەنجىلمىدۇق؛ تەمتىرەپ قالدۇق، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدۇق؛
[9] زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتىمىز، ئەمما ھەمدەمسىز قالمىدۇق؛
يىقىتىلدۇق، ئەمما ھالاك بولمىدۇق؛ [10] ئەيسانىڭ ھاياتى تېنىمىزدە
ئايان قىلىنسۇن دەپ، ھەردائىم تېنىمىزدە ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنى
كۆتۈرۈپ يۈرىمىز. [11] چۈنكى ئەيسانىڭ ھاياتى ئۆلىدىغان ئەتلىرىمىزدە
ئايان قىلىنسۇن ئۈچۈن، تىرىك قالغان بىزلەر ھەردائىم ئۆلۈمگە تا
پىشۇرۇلماقتىمىز. [12] شۇنىڭ بىلەن بىزدە ئۆلۈم ئىشلەۋاتىدۇ، ئەمما
ھايات سىلەردە ئىشلەۋاتىدۇ. [13] ۋە «مەن ئىشەندىم، شۇڭا سۆز
قىلدىم» دەپ يېزىلغاندىكىدەك ئىمان-ئىشەنچتىكى روھقا ئىگە
بولۇپ، بىزمۇ ئىشەندۇق ۋە شۇنىڭ بىلەن سۆز قىلىمىز؛ [14] چۈنكى رەب
ئەيسانى تىرىلدۈرگەن خۇدا بىزنى ئەيسا بىلەن بىرگە تىرىلدۈرىدۇ،

7:4 **«...بۇ گۆھەرگە ساپال ئىدىشلاردا قاچىلاقلىق ھالدا ئىگىدارلىق قىلىمىز»** — «ساپال ئىدىشلار» بولسا ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆز ئاجىز ۋۇجۇد-تەنلىرى، ئەلۋەتتە.

**7:4** 1كور. 5:2؛ 2كور. 1:5.

10:4 **«ئەيسانىڭ ھاياتى تېنىمىزدە ئايان قىلىنسۇن دەپ، ھەردائىم تېنىمىزدە ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنى كۆتۈرۈپ يۈرىمىز»** — «ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنى كۆتۈرۈش» دېگەنلىك بەلكىم روسۇللار دائىم ئازاپ-ئوقۇبەتنى تارتقانلىقى، دائىم ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ خەۋپىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرستىدۇ. ئەمما بۇ باياننى يەنە ھەممە ئېتىقادچى ئۈچۈن مۇھىم روھىي پرىنسىپ دېگىلى بولىدۇ. 11-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**10:4** رىم. 17:8؛ گال. 17:6؛ فىل. 10:3؛ 2تىم. 11:2، 12؛ 1پېت. 13:4.

11:4 **«چۈنكى ئەيسانىڭ ھاياتى ئۆلىدىغان ئەتلىرىمىزدە ئايان قىلىنسۇن ئۈچۈن، تىرىك قالغان بىزلەر ھەردائىم ئۆلۈمگە تاپشۇرۇلماقتىمىز»** — «ئۆلۈمگە تاپشۇرۇلماقتىمىز» — خۇدا تەرىپىدىن، ئەلۋەتتە.

**11:4** زەب. 22:44؛ مات. 11:5؛ رىم. 36:8؛ 1كور. 9:4؛ 49:15؛ كول. 4:3.

12:4 **«شۇنىڭ بىلەن بىزدە ئۆلۈم ئىشلەۋاتىدۇ، ئەمما ھايات سىلەردە ئىشلەۋاتىدۇ»** — مۇشۇ مۇھىم پرىنسىپ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

13:4 **«مەن ئىشەندىم، شۇڭا سۆز قىلدىم»** — «زەب.» 10:116. **«ئىمان-ئىشەنچتىكى روھقا ئىگە بولۇپ، بىزمۇ ئىشەندۇق ۋە شۇنىڭ بىلەن سۆز قىلىمىز»** — «سۆز قىلىمىز» — دېمەك، خۇش خەۋەرنى جاكارلايمىز.

**13:4** زەب. 10:116

شۇنداقلا بىزنى سىلەر بىلەن بىرگە ئۆز ئالدىغا هازىر قىلىدۇ، دەپ بىلىمىز. [15]چۈنكى بۇ هەممە ئىشلار سىلەر ئۈچۈندۇركى، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېشىپ تاشقۇچە بېغىشلانغان مېھىر-شەپقەت سەۋەبىدىن كۆپ كىشىلەرنىڭمۇ خۇدانى ئۇلۇغلاپ ئېيتقان تەشەككۈرلىرى ئېشىپ تاشىدۇ. [16]شۇڭا بىز بەل قويۇۋەتمەيمىز؛ گەرچە تاشقى ئىنسانلىقىمىز سولاشسىمۇ، دەرھەقىقەت ئىچكى ئىنسانلىقىمىز كۈندىن-كۈنگە يېڭىلانماقتا. [17]چۈنكى بىزنىڭ بىر دەقىقىلىك ۋە يېنىك جاپا-مۇشەققەتلىرىمىز بىز ئۈچۈن ئېشىپ تاشقان، مەڭگۈلۈك، زور ۋەزنىلىك شان-شەرەپنى هاسىل قىلىدۇ. [18]شۇڭا بىز كۆرۈنگەن ئىشلارغا ئەمەس، بەلكى كۆرۈنمەس ئىشلارغا كۆز تىكىمىز؛ چۈنكى كۆرۈنگەن ئىشلار ۋاقىتلىق، ئەمما كۆرۈنمەس ئىشلار مەڭگۈلۈكتۇر.

## كۆرۈش سىزىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىمان-ئىشەنچ بىلەن ياشاش

5 [1]چۈنكى بۇ زېمىنغا تەۋە ئۆيىمىز، يەنى بۇ چېدىرىمىز يوقىتىلسىمۇ، خۇدا تەرىپىدىن بولغان، ئىنسان قولى بىلەن ياسالمىغان بىر ئۆي، يەنى ئاسمانلاردا ئەبەدىي بىر ماكانىمىز باردۇر دەپ بىلىمىز. [2]ئەمدى بۇ كونا ئۆيىمىزدە تۇرغىنىمىزدا ئاسماندىكى ئۆيىمىزنى كىيىۋېلىشقا زور ئىنتىزار بىلەن ئاھ ئۇرماقتىمىز

**14:4** رىم. 11:8؛ 1كور. 14:6.
**15:4** 2كور. 11:1.
16:4 **«گەرچە تاشقى ئىنسانلىقىمىز سولاشسىمۇ، دەرھەقىقەت ئىچكى ئىنسانلىقىمىز كۈندىن-كۈنگە يېڭىلانماقتا»** — «تاشقى ئىنسانلىقىمىز» ئادەمنىڭ جان-تېنىنى، «ئىچكى ئىنسانلىقىمىز» ئادەمنىڭ قەلب-روھىنى، ئىچكى دۇنياسىنى كۆرسىتىدۇ. گرېك تىلىدا «تاشقى ئىنسانىمىز» ۋە «ئىچكى ئىنسانىمىز» دېيىلىدۇ.
**17:4** زەب. 5:30؛ مات. 12:5؛ رىم. 18:8؛ 1پېت. 2:3.
**1:5** 2كور. 7:4.
**2:5** رىم. 23:8.

[3](بەرھەق، ئاسماندىكى ئۆيىمىزنى كىيىۋالساق يالىڭاچ قالمايمىز).
[4]چۈنكى مۇشۇ چېدىردا تۇرغىنىمىزدا، ئېغىرچىلىقتا ئاھ
ئۇرماقتىمىز؛ بۇ بىزنىڭ يالىڭاچلىنىشنى خالىغىنىمىز ئەمەس،
بەلكى كىيىندۈرۈلۈشنى، يەنى بىزدە ئۆلىدىغان نېمە بولسا، ئۇنىڭ
ھايات تەرىپىدىن يۇتۇلۇشىنى خالايمىز. [5]ئەمدى بىزنى دەل مۇشۇ
ئىشقا تەييارلىغۇچى بولسا خۇدادۇر؛ ئۇ بىزگە «كاپالەت» بولغان
ئۆز روھىنىمۇ ئاتا قىلدى. [6]شۇنىڭ بىلەن بىز ھەمىشە يۈرەكلىك
بولىمىز؛ ھەمدە تېنىمىزدە ماكان تۇتقىنىمىزدا رەبدىن نېرى بولغان
مۇساپىر بولىمىز دەپ بىلىمىز [7](چۈنكى بىز كۆرۈش سېزىمى بىلەن
ئەمەس، ئېتىقاد بىلەن ماڭىمىز)؛ [8]بىز يۈرەكلىك بولۇپ، شۇنىڭدەك
تەندىن نېرى بولۇپ رەب بىلەن بىللە بىر ماكاندا بولۇشقا تېخىمۇ
خۇرسەنمىز. [9]شۇنىڭ بىلەن، مەيلى تەندە بولايلى، مەيلى تەندىن
نېرى بولايلى، ئۇنى خۇرسەن قىلىشنى ئىستەك-نىشان قىلىپ
ئىنتىلىمىز. [10]چۈنكى تەندە قىلغان ئەمەللىرىمىزنى، ياخشىلىق
بولسۇن، يامانلىق بولسۇن، ھەربىرىمىزگە قايتۇرۇلۇشى ئۈچۈن
مەسىھنىڭ سوراق تەختى ئالدىدا ھازىر بولۇشىمىز لازىم بولىدۇ.
[11]شۇنىڭ بىلەن رەبنىڭ دەھشىتىنى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن،
ئىنسانلارنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز؛ لېكىن بىز خۇداغا ئوچۇق-
ئاشكارىمىز، شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ ۋىجدانىڭلاردىمۇ ئاشكارە
تونۇلساق دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

---

**3:5** ۋەھ. 3:18؛ 16:15.

**4:5** رىم. 8:11؛ 1كور. 15:53.

5:5 **«ئۇ بىزگە «كاپالەت» بولغان ئۆز روھىنىمۇ ئاتا قىلدى»** ــ «ئۆز روھى» گرېك تىلىدا پەقەت «روھ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «كاپالەت» توغرۇلۇق 1:22دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**5:5** رىم. 8:16؛ 2كور. 1:22؛ ئەف. 1:13؛ 4:30.

**7:5** 1كور. 13:12؛ 2كور. 3:18.

**10:5** زەب. 62:12؛ يەر. 17:10؛ 32:19؛ مات. 16:27؛ 25:32؛ رىم. 2:6؛ 14:10، 12؛ 1كور. 3:8؛ گال. 6:5؛ ۋەھ. 2:23؛ 22:12.

11:5 **«بىز خۇداغا ئوچۇق-ئاشكارىمىز، شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ ۋىجدانىڭلاردىمۇ ئاشكارە تونۇلساق دەپ ئۈمىد قىلىمەن»** ــ «خۇداغا ئوچۇق-ئاشكارىمىز، شۇنىڭدەك سىلەرنىڭ

## ئىناقلىقتا كەلتۈرۈش خىزمىتى

12 بىز ھازىر ئۆزىمىزنى قايتىدىن سىلەرگە تەۋسىيە قىلغىنىمىز
يوق، بەلكى پەقەت سىلەردە قەلبىدىكى ئىشلاردىن ئەمەس، تاشقى
قىياپەتتىن پەخىرلىنىدىغانلارغا بەرگۈدەك جاۋاب بولسۇن دەپ،
سىلەرگە بىزلەردىن پەخىرلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ
بېرىۋاتىمىز. 13 چۈنكى ئىچ-ئىچىمىزگە سىغماي قالغان بولساقمۇ
خۇدا ئالدىدا شۇنداق بولدۇق، سالماق بولساقمۇ سىلەر ئۈچۈن شۇنداق
بولىمىز. 14 چۈنكى مەسىھنىڭ مۇھەببىتى بىزنى شۇنداق قىلىشقا
ئۈندەيدۇ؛ چۈنكى بىز بىرسى ھەممەيلەن ئۈچۈن ئۆلدى، شۇڭا
ھەممەيلەننىمۇ ئۆلدى، دەپ ھېسابلايمىز. 15 ۋە ئۇ ھەممەيلەننى دەپ

ۋىجدانىڭلاردىمۇ ئاشكارە تونۇلساق». دېمەك، پاۋلۇس ۋە باشقا روسۇللار دۇنيادىكىلەرگە ئانچە تونۇش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سالاھىيتى، ئۇلاردا بولغان مەسىھنىڭ مۇقەددەس روھمۇ دۇنيادىكىلەرگە ئانچە تونۇش ئەمەس، شۇڭا ئۇلارغا مەسىھنىڭ ھەر ئادەمنى سوراققا تارتىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئىشەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. لېكىن خۇدا بىزنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە (سىلەر خۇدانىڭ ئادەملىرى بولغاندىن كېيىن) سىلەرمۇ بىزنى ئوبدان چۈشەنسەڭلار كېرەك، دەيدۇ.

12:5 «**...تاشقى قىياپەتتىن پەخىرلىنىدىغانلارغا بەرگۈدەك جاۋاب بولسۇن دەپ، سىلەرگە بىزلەردىن پەخىرلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىۋاتىمىز**» — «تاشقى قىياپىتىدىن پەخىرلىنىدىغانلار بەرگۈدەك جاۋاب بولسۇن دەپ...» — پاۋلۇس ھازىر كورىنتتىكى جامائەتتە كۆرۈنگەن «ساختا روسۇللار»نى تىلغا ئېلىپ، ئۆزى ئۇستىدىن ئەرز قىلغان بۇ كىشىلەرگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن كورىنتتىكى قېرىنداشلارغا ئۆزىنىڭ ۋە ھەمكارلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئازراق ئاشكارىلاپ كۆرسەتمەكچى.

12:5 2كور. 3:1؛ 8:10.

13:5 «**چۈنكى ئىچ-ئىچىمىزگە سىغماي قالغان بولساقمۇ خۇدا ئالدىدا شۇنداق بولدۇق، سالماق بولساقمۇ سىلەر ئۈچۈن شۇنداق بولىمىز**» — مۇنۇ ئايەتتە پاۋلۇس، شۈبھىسىزكى، (يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك) ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ۋە قېرىنداشلارنىڭ «قەلبىدىكى ئىشلار»، يەنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ كېيىنرەك «كۆرۈنۈش»تىكى ئىشلارنىڭ، يەنى «تاشقى قىياپەت»نىڭ ئىشلىرىغا ئۆتىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئىچ-ئىچىمىزگە سىغماي قالغان بولۇش» خۇدانىڭ زور ئۇلۇغلۇقى، ئېشىپ تاشقان شاپائىتىگە قاراپ ئىنساننىڭ خۇشاللىقتىن بولغان نورمال ئىنكاسى بولۇش كېرەكقۇ، دەيمىز. ئەمما باشقا كىشىلەر بەربىر خۇش خەۋەرنى ئاڭلىشى كېرەك، شۇنىڭدەك ئۆز خۇشاللىقىمىزغا ھاي بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن «سالماق» بولۇشىمىزمۇ كېرەك.

14:5 «**بىرسى ھەممەيلەن ئۈچۈن ئۆلدى**» — مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. «**چۈنكى بىز بىرسى ھەممەيلەن ئۈچۈن ئۆلدى، شۇڭا ھەممەيلەننىمۇ ئۆلدى، دەپ ھېسابلايمىز**» — بۇ

ئۆلدى، بۇنىڭدىن مەقسەت، ھايات بولغانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى ئۇلارنى دەپ ئۆلۈپ تىرىلگۈچى ئۈچۈن ياشىشى ئۈچۈندۇر.
[16] شۇنىڭ بىلەن بىز بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنى ئىنسانلارچە
تونۇمايمىز؛ ھەتتا بىز مەسىھنى ئىنسانلارچە تونۇغان بولساق،
بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يەنە شۇنداق تونۇمايمىز. [17] شۇڭا ئەمدى
بىرسى مەسىھدە بولسا، ئۇ يېڭى بىر يارىتىلغۇچىدۇر! كونا
ئىشلار ئۆتۈپ، مانا، ھەممە ئىش يېڭى بولدى! [18] ۋە بارلىق ئىشلار
خۇدادىندۇر؛ ئۇ بىزنى مەسىھ ئارقىلىق ئۆزىگە ئىناقلاشتۇردى،
شۇنداقلا بىزگە ئىناقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تاپشۇردى: ــ
[19] دېمەك، خۇدا مەسىھدە ئادەملەرنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرىنى
ئۇلارنىڭ ئەيىبى بىلەن ھېسابلاشماي، ئالەمنى ئۆزىگە
ئىناقلاشتۇردى؛ شۇنىڭدەك بىزگە ئىناقلاشتۇرۇش خەۋىرىنى
ئامانەت قىلىپ تاپشۇردى. [20] شۇڭا خۇددى خۇدا بىز ئارقىلىق
ئادەملەردىن ئىناقلىققا كېلىشنى ئۆتۈنگىنىدەك، بىز مەسىھكە
ۋاكالىتەن ئەلچىلەردۇرمىز؛ مەسىھنىڭ ئورنىدا «خۇداغا
ئىناقلاشتۇرۇلغايسىلەر!» دەپ ئۆتۈنىمىز. [21] گۇناھقا ھېچ تونۇش
بولمىغان كىشىنى خۇدا بىزنى دەپ گۇناھنىڭ ئۆزى قىلدى؛

ئاجايىب ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**15:5** رىم. 7:14؛ گال. 20:2؛ 1تىس. 10:5؛ 1پېت. 2:4.

16:5 **«ھەتتا بىز مەسىھنى ئىنسانلارچە تونۇغان بولساق...»** ــ «ئىنسانلارچە» گرېك تىلىدا «ئەتلەر بويىچە». **«شۇنىڭ بىلەن بىز بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنى ئىنسانلارچە تونۇمايمىز؛ ھەتتا بىز مەسىھنى ئىنسانلارچە تونۇغان بولساق، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يەنە شۇنداق تونۇمايمىز»** ــ بۇ ئاجايىب ئايەت توغرۇلۇقمۇ «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**16:5** مات. 50:12؛ يۇھ. 14:15؛ گال. 6:5؛ 15:6؛ كول. 11:3.

**17:5** يەش. 18:43؛ ۋەھ. 5:21.

18:5 **«ۋە بارلىق ئىشلار خۇدادىندۇر»** ــ ياكى «ۋە بۇ بارلىق ئىشلار خۇدادىندۇر».

**18:5** كول. 20:1؛ 1يۇھ. 2:2؛ 10:4.

**19:5** رىم. 24:3، 25؛ كول. 20:1.

**20:5** 2كور. 6:3.

مەقسىتى شۇكى، بىزنىڭ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى
بولۇشىمىز ئۈچۈندۇر.

## خۇدانىڭ جاپا-مۇشەققەت تارتقۇچى ئەلچىلىرى بولۇش

6 [1] ئەمدى خۇدانىڭ ھەمكارلىرى سۈپىتىدە سىلەردىن
ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى
بىكارغا كەتكۈزمەڭلار دەپ ئۆتۈنىمىز [2](چۈنكى ئۇ: «شاپائەت
كۆرسىتىلىدىغان بىر پەيتتە دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىشنى
بېكىتكەنمەن، نىجات-قۇتۇلۇش يەتكۈزۈلىدىغان بىر كۈنىدە مەن
ساڭا ياردەمدە بولۇشۇمنى بېكىتكەنمەن» ــ دېدى. مانا، ھازىر بولسا
«شاپائەت كۆرسىتىلىدىغان ياخشى پەيت»؛ مانا، ھازىر «نىجات-
قۇتۇلۇش كۈنى»دۇر!). [3]رەببىنىڭ خىزمىتىگە داغ كەلتۈرۈلمىسۇن دەپ
ھېچقانداق ئىشتا ھېچكىمنىڭ ئىمانىغا توسالغۇلۇق قىلمايمىز؛
[4]بەلكى ھەربىر ئىشتا ئۆزىمىزنى خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرى
سۈپىتىدە نەمۇنە قىلىپ يۈرىمىز؛ زور چىداملىق بىلەن، جەبىر-
زۇلۇملاردا، جاپا-مۇشەققەتلەردە، بېسىم-قىستاقلاردا، [5]قامچا
يارىلىرىدا، زىندانلاردا، قوزغىلاڭ-توپىلاڭلار ئىچىدە، ئېغىر
مېھنەتلەردە، تۈنەشلەردە، روزا تۇتۇشلاردا، [6]پاكلىق بىلەن، بىلىملەر

21:5 «گۇناھقا ھېچ تونۇش بولمىغان كىشى» ــ مەسىھ. «مەقسىتى شۇكى، بىزنىڭ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى بولۇشىمىز ئۈچۈندۇر» ــ «ئۇنىڭدا» ــ مەسىھدە، ئەلۋەتتە.
21:5 يەش. 9:53، 12؛ رىم. 3:8؛ گال. 13:3؛ 1پېت. 22:2؛ 1يۇھ. 5:3.
1:6 1كور. 9:3؛ ئىبر. 15:12.
2:6 «شاپائەت كۆرسىتىلىدىغان بىر پەيتتە دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىشنى بېكىتكەنمەن، نىجات-قۇتۇلۇش يەتكۈزۈلىدىغان بىر كۈنىدە مەن ساڭا ياردەمدە بولۇشۇمنى بېكىتكەنمەن» ــ «يەش.» 8:49.
2:6 يەش. 8:49.
3:6 رىم. 13:14؛ 1كور. 32:10.
4:6 1كور. 1:4؛ 2كور. 23:11.
5:6 «تۈنەشلەردە» ــ دېمەك «تۈنەپ دۇئا قىلىشلاردا». باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇيقۇسىزلىقلاردا».

**بىلەن، سەۋر-تاقەتلىك بىلەن، مېھرىبانلىقلار بىلەن، مۇقەددەس**
**روھ بىلەن، ساختىلىقسىز مېھىر-مۇھەببەت بىلەن، [7] ھەقىقەتنىڭ**
**سۆز-كالامى بىلەن، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن، ھەققانىيلىقنىڭ**
**ئوڭ-سول قوللاردىكى قورallىرى بىلەن، [8] ھەم ئىززەت-شۆھرەتتە ھەم**
**ھاقارەت ئىچىدە، تۆھمەت ھەم تەرىپلىنىشلەر ئىچىدە** ئۆزىمىزنى
خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرى سۈپىتىدە نامايان قىلدۇق؛ **يالغانچىلار دەپ**
**قارالغان بولساقمۇ سەمىمىي-سادىق بولۇپ، [9] نامسىز بولدۇق-يۇ،**
**ئەمما مەشھۇرمىز؛ ئۆلەي دەپ قالدۇق-يۇ، ئەمما مانا، ھاياتتۇرمىز؛**
**تەربىيىدە جازالاندۇق-يۇ، ئەمما ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنمىدۇق؛**
**[10] دەرد-ئەلەم تارتتۇق-يۇ، ئەمما دائىم شاد-خۇراملىقتا تۇرىمىز؛**
**نامرات بولغىنىمىز بىلەن، ئەمما كۆپ ئادەملەرنى باي قىلغۇچىمىز؛**
**ھېچنېمىمىز يوق بولغىنى بىلەن، ئەمما ھەممىگە ئىگىدارمىز.**
**[11] سىلەرگە ئوچۇق-يورۇق سۆزلىدۇق، ئەي كورىنتلىقلار، بىزنىڭ**
**باغرىمىز سىلەرگە كەڭ ئېچىلدى! [12] سىلەر بىز تەرەپتىن قىسىلغان**
**ئەمەس، لېكىن ئۆز ئىچ-باغرىڭلارنىڭ تارلىقىدىن قىسىلىسىلەر؛**

---

7:6 **«...ھەققانىيلىقنىڭ ئوڭ-سول قوللاردىكى قوراللىرى بىلەن...»** ــ بەلكىم زەرب قىلىدىغان ھەم قوغدايدىغان روھىي قوراللارنى كۆرسىتىدۇ.

9:6 **«نامسىز بولدۇق-يۇ، ئەمما مەشھۇرمىز»** ــ دۇنيادىكى «مەشھۇر»لاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن خۇدا، پەرىشتىلەر ۋە جامائەتلەر تەرىپىدىن مەشھۇردۇر، دېگەن مەنىدە دەپ قارايمىز. **«تەربىيىدە جازالاندۇق-يۇ، ئەمما ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنمىدۇق»** ــ «تەربىيىدە جازالاندۇق-يۇ...» دېگەنلىك باشقا بىر تەرجىمىسى «دەررە-قامچا يېدۇق-يۇ ...».
—بۇ مۇھىم سۆز توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**9:6** زەب. 18:118؛ يەش. 19:26.

10:6 **«نامرات بولغىنىمىز بىلەن، ئەمما كۆپ ئادەملەرنى باي قىلغۇچىمىز؛ ھېچنېمىمىز يوق بولغىنى بىلەن، ئەمما ھەممىگە ئىگىدارمىز»** ــ «نامرات بولغىنىمىز بىلەن،... ھېچنېمىمىز يوق بولغىنى بىلەن،...» ــ پاۋلۇس ۋە باشقا روسۇللار بۇ دۇنيانىڭ كۆزقارىشىدىن قارىغاندا شۇنداق كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئۇلار ھەرگىز ئۆزلىرىنى ئۇنداق ھېسابلىمايدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنى ھەقىقىي بايلار (مەڭگۈلۈك بايلىقلارغا ئىگە) دەپ سانايتتى.

11:6 **«سىلەرگە ئوچۇق-يورۇق سۆزلىدۇق، ئەي كورىنتلىقلار،...»** ــ گرېك تىلىدا «ئاغزىمىز سىلەرگە ئوچۇق، ئى كورىنتلىقلار،...».

[13] ئەمدى ئادىل ئالماشتۇرۇشتا بولۇپ — (ئۆز پەرزەنتلىرىمگە
سۆزلىگەندەك سۆزلەيمەن) — باغرىڭلارنى بىزگىمۇ كەڭ ئېچىڭلار.

## قاراڭغۇلۇقتا ھەمراھ بولماڭلار

[14] ئېتىقادسىزلار بىلەن بىر بويۇنتۇرۇقتا چېتىلىپ تەڭسىزلىكتە
بولماڭلار؛ چۈنكى ھەققانىيلىق ۋە قەبىھلىك ئوتتۇرىسىدا
قانداقمۇ ئورتاقلىق بولسۇن؟ يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن
قانداق ھەمراھلىقى بولسۇن؟ [15] مەسىھنىڭ بېلىئال بىلەن نېمە
ئىناقلىقى بولسۇن؟ ئىشەنگۈچىنىڭ ئىشەنمىگۈچى بىلەن قانداق
ئورتاق نېسىۋىسى بولسۇن؟ [16] خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ بۇتلار
بىلەن قانداق بىرلىكى بولسۇن؟ چۈنكى سىلەر تىرىك خۇدانىڭ
ئىبادەتخانىسىدۇرسىلەر — خۇدانىڭ: «مەن ئۇلاردا تۇرىمەن، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا يۈرىمەن؛ ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن ۋە ئۇلار مېنىڭ خەلقىم
بولىدۇ» دېگىنىدەك سىلەر ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدۇرسىلەر»؛

---

**13:6** 1كور. 14:4.

**14:6 «ئېتىقادسىزلار بىلەن بىر بويۇنتۇرۇقتا چېتىلىپ تەڭسىزلىكتە بولماڭلار»** — «قان.» 10:22دە «ئېشەك ۋە كالىنى بىر بويۇنتۇرۇقتا تەڭ قوشماڭلار» دېيىلىدۇ. تەڭسىزلىك بولغاچقا، ئىشەنگەن ئادەم ۋە ئىشەنمىگەن ئادەم تەڭ يۈك تارتمايدۇ، ھەتتا بىر-بىرىدىن باشقا يۆنىلىشكە تارتىدۇ. بۇ سۆزلەر پەقەت نىكاھقىلا باغلىق ئەمەس، تورلۇك ئەھۋاللاردا ئېتىقادسىز ئادەم بىلەن «ھەمبويۇنتۇرۇق» بولۇش چوڭ چاتاقلارنى چىقىرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. **«... ھەققانىيلىق ۋە قەبىھلىك ئوتتۇرىسىدا قانداقمۇ ئورتاقلىق بولسۇن؟»** — «قەبىھلىك» گرېك تىلىدا «قانۇنسىزلىق»، ئەمما بۇ «قانۇن» ھۆكۈمەتنىڭكى ئەمەس، خۇدانىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**14:6** قان. 2:7؛ 1سام. 1:5، 2؛ 1پاد. 21:8؛ 1كور. 9:5؛ 21:10؛ ئەف. 11:5

**15:6 «مەسىھنىڭ بېلىئال بىلەن نېمە ئىناقلىقى بولسۇن؟»** — «بېلىئال» دېگەننىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسى «ئەرزىمەس، ئوسال» بولۇپ، شەيتاننىڭ يەنە بىر ئىسمى بولىدۇ.

**16:6 «مەن ئۇلاردا تۇرىمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرىمەن؛ ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن ۋە ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ»** — «لاۋ.» 12:26 ۋە «يەر.» 32:28، «ئەز.» 27:32نى كۆرۈڭ.

**16:6** مىس. 45:29؛ لاۋ. 11:26-12؛ يەر. 38:32؛ ئەز. 27:37؛ 1كور. 16:3؛ 19:6؛ 7:10، 14؛ ئەف. 21:2؛ ئىبر. 6:3؛ 1پېت. 5:2

[17] شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىڭلار، ماڭا ئايرىلىڭلار»، ــ دەيدۇ رەب، ــ «ھېچ ناپاك نەرسىگە تەگكۈچى بولماڭلار»، «شۇندىلا مەن سىلەرنى قوبۇل قىلىمەن»، [18] ۋە: «مەن سىلەرگە ئاتا بولىمەن، سىلەر ماڭا ئوغۇل-قىزلىرىم بولىسىلەر» ــ دەيدۇ ھەممىگە قادىر بولغان رەب.

7 [1] ئەمدى بۇ ۋەدىلەرگە مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن، ئى سۆيۈملۈكلەر، ئۆزىمىزنى ئەتلىرىدىكى ھەم روھىتىكى ھەرخىل پاسكىنىلىقتىن تازىلاپ، خۇدانىڭ قورقۇنچىدا ئۆزىمىزدە ئايان قىلىنغان پاك-مۇقەددەسلىكنى كامالەتكە يەتكۈزەيلى.

## بىزنى قوبۇل قىلغايسىلەر!

[2] بىزنى قوبۇل قىلغايسىلەر! بىز ھېچكىمگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىدۇق، ھېچكىمنى نابۇت قىلمىدۇق، ھېچكىمدىن پايدىلانمىدۇق. [3] مۇشۇلارنى دەپ، سىلەرنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن؛ چۈنكى مەن يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، سىلەر قەلبىمىزدىدۇرسىلەركى، بىز سىلەر بىلەن بىللە ئۆلۈشكە، سىلەر بىلەن بىللە ياشاشقا تەييار

17:6 **«ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىڭلار، ماڭا ئايرىلىڭلار... ھېچ ناپاك نەرسىگە تەگكۈچى بولماڭلار»** ــ «يەش.» 11:52نى كۆرۈڭ. ئەسلىدە بۇ سۆزلەر ئىسرائىلغا بابىل ئىمپېرىيەسىدىكى كەيپ-ساپا ۋە بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ چىقىشى ئۈچۈن ئېيتىلغان. **«شۇندىلا مەن سىلەرنى قوبۇل قىلىمەن»** ــ «ئەز.» 41:20نى كۆرۈڭ.

**17:6** يەش. 11:52؛ ئەز. 34:20، 41؛ ۋەھ. 4:18.

18:6 **«مەن سىلەرگە ئاتا بولىمەن، سىلەر ماڭا ئوغۇل-قىزلىرىم بولىسىلەر»** ــ تەۋرات، «2سام.» 14:7، «يەش.» 6:43، «يەر.» 9:31نى كۆرۈڭ.

**18:6** 2سام. 8:7، 14

2:7 **«...ھېچكىمنى نابۇت قىلمىدۇق»** ــ بەلكىم ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەم ئېتىقاد جەھەتتىن ئېيتىلىدۇ.

**ارمىز. [4] سىلەرگە باغلىغان ئىشەنچىم زور، سىلەردىن بولغان پەخرىم
زور؛ شۇنىڭ ئۈچۈن رىغبەت-تەسەللىگە تولدۇرۇلدۇم، بارلىق جاپا-
مۇشكۈلچىلىكلىرىمىزدە خۇشاللىقىم ئېشىپ تاشتى.
[5] چۈنكى بەرھەق، ماكېدونىيەگە كىرگىنىمىزدىمۇ ئەتلىرىمىز
ھېچ ئارام تاپالماي، ھەرتەرەپتىن قىسىلىپ قالدۇق؛ سىرتىمىزدا
جېدەل-كۈرەشلەر، ئىچىمىزدە قورقۇنچلار بار ئىدى. [6] ئەمما
چۈشكۈنلەرگە رىغبەت-تەسەللى بەرگۈچى خۇدا بىزگە تىتۇسنىڭ
كېلىشى ئارقىلىق رىغبەت-تەسەللى بەردى؛ [7] تاپقان رىغبەت-
تەسەللىمىز پەقەت ئۇنىڭ كېلىشى ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى
ئۇنىڭ سىلەردىن تاپقان رىغبەت-تەسەللىسى ئارقىلىقمۇ بولدى؛
چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ بىزگە زارىقىپ تەلمۈرگىنىڭلارنى، سىلەرنىڭ
ھەسرىتىڭلارنى، سىلەرنىڭ ماڭا بولغان قىزغىن غەمخورلۇقۇڭلارنى
ئېيتىپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن مەن تېخىمۇ خۇشاللاندىم. [8] چۈنكى
گەرچە مەن سىلەرنى خېتىم بىلەن ئازابلىغان بولساممۇ، مەن ھازىر
ئۇنىڭدىن پۇشايمان قىلمايمەن؛ لېكىن ئەسلىدە مەن شۇ خېتىمنىڭ
سىلەرنى ئازابلىغىنىنى كۆرۈپ پۇشايمان قىلغانىدىم (ئەمەلىيەتتە،
سىلەرنىڭ ئازابلىنىشىڭلار قىسقىغىنە بىر مەزگىللا بولغان).
[9] ئەمما ھازىر شادلىنىمەن ــ ئازابلانغىنىڭلاردىن ئەمەس، بەلكى شۇ
ئازابنىڭ سىلەرنى توۋا قىلدۇرغانلىقىدىن شادلىنىمەن؛ چۈنكى**

---

**3:7** 2كور. 11:6، 12، 13.

**4:7** مات. 12:5؛ روس. 41:5؛ فىل. 17:2؛ كول. 24:1.

**5:7** روس. 19:16، 23.

**6:7** 2كور. 4:1.

7:7 **«چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ بىزگە زارىقىپ تەلمۈرگىنىڭلارنى... ئېيتىپ بەردى»** ــ «سىلەرنىڭ بىزگە زارىقىپ تەلمۈرگىنىڭلار» دېگەن سۆزلەردە «بىزگە» دېگەننى كىرگۈزدۇق. ئۇلارنىڭ «زارىقىپ تەلمۈرگىنى» خۇداغا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. **«سىلەرنىڭ ھەسرىتىڭلارنى، سىلەرنىڭ ماڭا بولغان قىزغىن غەمخورلۇقۇڭلارنى...»** ــ كورىنتلىقلارنىڭ ھەسرەتلىرى قاتارلىقلار روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئىلگىرىكى بىر خېتىدىكى ئەيىبنى (4:2) قوبۇل قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىدى.

**سىلەرنىڭ ئازابلىنىشىڭلار خۇدانىڭ يولىدا ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن**
**سىلەر بىزدىن ھېچ زىيان تارتمىدىڭلار. [10]چۈنكى خۇدانىڭ يولىدا**
**بولغان ئازاب-قايغۇ ئادەمنى ھەرگىز پۇشايمان قىلمايدىغان نىجاتقا**
**باشلايدىغان توۋبىغا ئېلىپ بارىدۇ؛ ئەمما بۇ دۇنيادىكى ئازاب-**
**قايغۇ ئادەمنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. [11]چۈنكى مانا، دەل مۇشۇ**
**ئىش، يەنى خۇدانىڭ يولىدا ئازابلىنىشىڭلار، سىلەرگە شۇنچە كۆپ**
**ئەستايىدىللىق، ئۆزلىرىڭلارنى ئەيىبتىن نەقەدەر خالاس قىلىش،**
**شۇنچە كۆپ غەزەپ، شۇنچە كۆپ قورقۇنچ، شۇنچە كۆپ تەقەززالىق،**
**شۇنچە كۆپ قىزغىنلىق ۋە جازالاشقا شۇنچە تەييار بولۇشنى ئېلىپ**
**كەلدى! سىلەر بۇ ئىشنىڭ ھەر تەرىپىدە ئۆزۈڭلارنىڭ ئەيىبتىن خالاس**
**بولۇشۇڭلارنى ئىسپاتلىدىڭلار.**
**[12]ئەمدى سىلەرگە شۇ خەتنى يازغان بولساممۇ، ئۇ خەتنى زىيان-**
**زەخمەت قىلغۇچى كىشى ئۈچۈن ئەمەس، ياكى زىيان-زەخمەت**
**قىلىنغۇچى كىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇدا ئالدىدا بىزگە بولغان**
**كۆڭلۈڭلاردىكى قىزغىنلىقنىڭ ئاراڭلاردا ئايان بولۇشى ئۈچۈن يازدىم.**
**[13]بۇ سەۋەبتىن بىز رىغبەت-تەسەللىگە ئېرىشتۇق. ۋە رىغبەت-**
**تەسەللىمىز ئۈستىگە بىز تىتۇسنىڭ خۇشاللىقى تۈپەيلىدىن**
**تېخىمۇ زور شادلاندۇق؛ چۈنكى ئۇنىڭ روھى سىلەر تەرىپىڭلاردىن**

---

**10:7** 2سام. 13:12؛ مات. 75:26؛ لۇقا 13:18.

11:7 **«خۇدانىڭ يولىدا ئازابلىنىشىڭلار... سىلەرگە...شۇنچە كۆپ غەزەپ، شۇنچە كۆپ قورقۇنچ، ... ئېلىپ كەلدى!»** ــ مۇشۇ يەردە «غەزەپ» بولسا بەلكىم گۇناھ سادىر قىلغان كىشىنىڭ قىلمىشىغا، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشتا جاۋابكار ئەمەسلىكىگە قارىتىلغانىدى. «شۇنچە كۆپ قورقۇنچ» بولسا خۇدادىن بولغان قورقۇنچ. **«جازالاشقا شۇنچە تەييار بولۇش»** ــ ئۆز گۇناھىدا چىڭ تۇرۇپ توۋا قىلىشنى رەت قىلغان قېرىنداشلارنى جامائەتتىن چىقىرىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

12:7 **«بەلكى خۇدا ئالدىدا بىزگە بولغان كۆڭلۈڭلاردىكى قىزغىنلىقنىڭ ئاراڭلاردا ئايان بولۇشى ئۈچۈن يازدىم»** ــ باشقا بىر كۆچۈرمىسى بويىچە «بەلكى بىزنىڭ خۇدا ئالدىدا سىلەرگە بولغان قىزغىنلىقىمىزنىڭ ئايان بولۇشى ئۈچۈن يازدىم». ئەمما كېيىنكى ئايەتلەرنى (13-16) ۋە 7:8نى كۆرگەندە، بىز ئالغان كۆچۈرمىسى توغرىدۇر.

يېڭىلاندى. 14 چۈنكى مەن سىلەر توغراڭلاردا بىرەر ئىشتا پەخىرلىنىپ
ماختىغان بولسام، ئۇ ئىشتا ھېچ خىجىل قالدۇرۇلمىدىم؛ بەلكى
سىلەرگە ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت بولغىنىدەك،
بىزنىڭ تىتۇسقا سىلەرنى پەخىرلىنىپ ماختىشىمىزمۇ ھەقىقەت
بولۇپ ئىسپاتلاندى. 15 ئۇ سىلەرنىڭ ئىتائەتمەنلىكىڭلارنى،
سىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق ئەيمەنگەن ۋە تىترىگەن ھالدا ئۇنى
قارشى ئالغىنىڭلارنى ئەسلىگىنىدە، ئۇنىڭ سىلەرگە باغلىغان ئىچ-
باغرىدىكى مۇھەببەتلىرى تېخىمۇ ئېشىپ تاشىدۇ. 16 مەن سىلەرگە
ھەربىر ئىشتا ئىشەنچىم كامىل بولغانلىقىدىن شادلىنىمەن.

## مۇقەددەس بەندىلەر ئۈچۈن ئىئانە قىلىش

8 1 ئەمما، ئى قېرىنداشلار، بىز سىلەرگە خۇدانىڭ ماكېدونىيەدىكى
جامائەتلەرگە بېغىشلىغان مېھىر-شەپقىتىنى ئايان
قىلماقچىمىز؛ 2 ئۇلار زور ئېغىر جاپا-مۇشەققەتتە سىنالغىنىدا،
قاتتىق نامرات ئەھۋالدا ئېشىپ تاشقان شادلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ
ئوچۇق قوللۇقىنىڭ بايلىقى ئۇرغۇپ چىقتى؛ 3 چۈنكى ئۇلارنىڭ
كۈچىنىڭ بارىچە، ھەتتا كۈچىدىن ئارتۇق خەير-ساخاۋەت
قىلغانلىقىغا ئۆزۈم گۇۋاھ. ئۇلار ئىختىيارى بىلەن شۇنداق قىلىپ،
4 بىزدىن مۇقەددەس بەندىلەرگە شۇ ياردەمدە بولۇشنىڭ بەختىگە
ۋە شېرىكلىكىگە مۇيەسسەر بولۇشنى قاتتىق ئۆتۈندى؛ 5 شۇنداق
قىلىپ، ئۇلار كۈتكىنىمىزدەك ئەمەس، ئۈمىد قىلغىنىمىزدىن
ئېشىپ ئۆزلىرىنى ئاۋۋال رەبگە، ئاندىن خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن
بىزگىمۇ بېغىشلىدى؛ 6 شۇڭا، تىتۇس سىلەردە بۇ مېھرىبانلىقنى
باشلىغانىكەن، بىز تىتۇستىن سىلەرنى بۇنىڭغا نېسىپداش قىلىپ
ئۇنى ئادا قىلىشقا ئۆتۈندۇق.

4:8 روس. 29:11؛ رىم. 26:15؛ 1كور. 2:16؛ 2كور. 1:9.

7ئەمما سىلەر ھەر تەرەپتە، يەنى ئىشەنچتە، سۆزدە، بىلىمدە،
تولۇق ئەستايىدىللىقتا ھەم بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭلاردا
ئەۋزەل بولغىنىڭلاردەك، مۇشۇ مېھرلىك ئىشتىمۇ ئۆزۈڭلارنى
ئەۋزەل كۆرسىتىڭلار. 8مەن بۇ گەپ بىلەن سىلەرگە بۇيرۇق
قىلماقچى ئەمەسمەن، بەلكى باشقىلارنىڭ قىزغىنلىقى ئارقىلىق
مۇھەببىتىڭلارنىڭ ھەقىقىيلىكىنى ئىسپاتلىماقچىمەن. 9چۈنكى
سىلەر رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بىلىسىلەر
— گەرچە ئۇ باي بولسىمۇ، سىلەرنى دەپ يوقسۇل بولدىكى،
سىلەر ئۇنىڭ يوقسۇللۇقى ئارقىلىق بېيىتىلىسىلەر. 10مەن بۇ
توغرۇلۇق پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن — بۇ سىلەرگە پايدىلىق،
چۈنكى سىلەر ئالدىنقى يىلىلا ئىئانە قىلىشتا ۋە شۇنىڭغا
ئىرادە باغلاشتا ياخشى باشلىدىڭلار. 11ئەمدى ھازىر ئۇنى ئادا
قىلىڭلار؛ قىزغىن ئىرادە باغلىغىنىڭلاردەك، بار دۇنيايىڭلار
بىلەن شۇ ئىشقا ئەمەل قىلىڭلار. 12چۈنكى خەير-ساخاۋەتكە بەل
باغلىغۇچىغا نىسبەتەن، سوۋغىنىڭ خۇداغا يارىغۇدەك بولۇشى
قولىدا يوققا ئەمەس، بەلكى قولىدا بارىغا باغلىقتۇر. 13چۈنكى
بۇ باشقىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىمەن دەپ، ئۆزۈڭلارنى قىيناڭلار
دېگىنىم ئەمەس، 14سىلەردە ئارتۇق بولغىنى ھازىرچە ئۇلارنىڭ كەم
يېرىنى تولدۇرغىنىدەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلاردا ئارتۇق بولغىنى
سىلەرنىڭ كەم يېرىڭلارنى تولدۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭلىشىدۇ.

---

**7:8 «بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭلاردا...»** — باشقا بىر كۆچۈرۈلمىدە: «بىزنىڭ سىلەرگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىمىزدە...» دېيىلىدۇ. (بۇ كۆچۈرمە توغرا بولسا مەنىسى بەلكىم: «بىزنىڭ سىلەرگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىمىزدىن ئىلھام-تەسەللى ئالغانلىقىڭلار»نى كۆرسەتسە كېرەك).

**10:8 «سىلەر ئالدىنقى يىلىلا ئىئانە قىلىشتا ۋە شۇنىڭغا ئىرادە باغلاشتا ياخشى باشلىدىڭلار»** — «1كور.» 2:16نى كۆرۈڭ.

**12:8** پەند. 28:3؛ مات. 43:12؛ لۇقا 3:21؛ 1پېت. 10:4.

15 خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا: «كۆپ يىغقانلارنىڭكىدىن ئېشىپ قالمىدى، ئاز يىغقانلارنىڭمۇ كەملىك قىلمىدى» دەپ يېزىلغاندەك بولغاي.

## تىتۇسنىڭ ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ۋەزىپىسى

16 ئەمما تىتۇسنىڭ قەلبىگە سىلەرگە بولغان كۆيۈمۈمگە ئوخشاش كۆيۈمنى سالغان خۇداغا تەشەككۈرلەر بولغاي؛ 17 چۈنكى ئۇ دەرھەقىقەت بىزنىڭ ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ سىلەرگە كۈچلۈك كۆيۈمى بولغاچقا، ئۇ ئۆزلۈكىدىن يېنىڭلارغا باردى؛ 18 ئەمما بىز ئۇنىڭغا بارلىق جامائەتلەر ئارىسىدا خوش خەۋەر خىزمىتىدە تەرىپلەنگەن قېرىنداشنى ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتتۇق؛ 19 شۇنىڭدەك ئۇ پەقەت شۇ تەرەپتىلا ئەمەس، بەلكى جامائەتلەر تەرىپىدىن بۇ خەيرلىك ئىشتا بىزگە ھەمسەپەر بولۇشقا تاللىۋېلىنغانىدى. ئەمدى بىز بۇ خەير-ساخاۋەتنى بولسا، رەببىنىڭ شان-شەرىپىنى ھەم ياردەمدىكى قىزغىنلىقىمىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنى يەتكۈزۈش خىزمىتىدە بولىمىز؛ 20 شۇنداق قىلىپ بىز بۇ مول سوۋغىنى مەسئۇل بولۇپ يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن تۆھمەت قىلماسلىقى ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىمىز. 21 چۈنكى بىز پەقەت رەببىنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدىمۇ ئىشىمىزنى دۇرۇس قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىمىز. 22 بىز يەنە ئۇلار بىلەن بىللە كۆپ ئىشلاردا ئىنتايىن ئەستايىدىللىقى نۇرغۇن قېتىم ئىسپاتلانغان قېرىنداشنى ئەۋەتمەكچىمىز؛ ھازىر ئۇنىڭ

---

15:8 «كۆپ يىغقانلارنىڭكىدىن ئېشىپ قالمىدى، ئاز يىغقانلارنىڭمۇ كەملىك قىلمىدى» — «مىس.» 18:16.

**15:8** مىس. 18:16.

21:8 «چۈنكى بىز پەقەت رەببىنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدىمۇ ئىشىمىزنى دۇرۇس قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىمىز» — تەۋرات، «پەند.» 3:4نى كۆرۈڭ

**21:8** رىم. 17:12.

سىلەرگە باغلىغان زور ئۈمىدلىرىمىز ھەققىدە ئېيتساق، سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلار ئۆسكەنسېرى

سىلەرگە باغلىغان زور ئىشەنچى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن
ئەستايىدىللىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى.[23] تىتۇس توغرۇلۇق سوئاللار
بولسا ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم ۋە خىزمىتىڭلاردا بولغان ھەمكارىمدۇر؛
باشقا ئىككى قېرىندىشىمىز بولسا، ئۇلار جامائەتلەرنىڭ
ئەلچىلىرى، مەسىھنىڭ شان-شەرىپىدۇر.[24] شۇڭا، جامائەتلەرنىڭ كۆز
ئالدىدا مۇھەببىتىڭلارنىڭ ئىسپاتىنى، شۇنداقلا بىزنىڭ سىلەردىن
پەخىرلىنىشلىرىمىزنىڭ بىكار ئەمەسلىكىنى ئۇلارغا كۆرسىتىڭلار.

## ھەدىيەنى تەييارلاش ـ سېخىي بولۇشقا ئۈندەش

9 [1]چۈنكى مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ بۇ ياردەم خىزمىتى توغرۇلۇق
سىلەرگە يەنە يېزىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. [2]چۈنكى مەن
سىلەرنىڭ بۇ ئىشقا قاتتىق بەل باغلىغىنىڭلارنى بىلىمەن؛ مەن
بۇ توغرۇلۇق: ئاخايادىكىلەر ئۆتكەن يىلدىن بېرى خەير-سەدىقە
بېرىشكە تەييار تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ماكېدونىيەدىكى قېرىنداشلارغا
پەخىرلىنىپ ماختاپ كەلمەكتىمەن، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ
قىزغىنلىقىڭلار ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خەير-سەدىقە بېرىشكە
تۈرتكە بولدى. [3]لېكىن قېرىنداشلارنى ئەۋەتىشتىكى مەقسىتىم
سىلەرنىڭ توغراڭلاردا پەخىرلىنىپ ماختىشىمنىڭ بۇ ئىشلاردا
بىھۇدە ئىش بولۇپ قالماسلىقى، سىلەرنىڭ دېگىنىمدەك تەييار بولۇپ
تۇرۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر. [4]مۇبادا ماكېدونىيەدىكىلەر مەن بىلەن بىللە
بارغىنىدا، سىلەر تەييارلىقسىز بولساڭلار، بۇ ئىشەنچىمىز ۋەجىدىن

---

1:9 روس. 29:11؛ رىم. 26:15؛ 1كور. 2:16؛ 2كور. 4:8.

2:9 «مەن بۇ توغرۇلۇق: ئاخايادىكىلەر ئۆتكەن يىلدىن بېرى خەير-سەدىقە بېرىشكە تەييار تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ... پەخىرلىنىپ ماختاپ كەلمەكتىمەن»] ــ كورىنت شەھىرى ئاخايا ئۆلكىسىدە ئىدى.

3:9 **«قېرىنداشلارنى ئەۋەتىشتىكى مەقسىتىم...»** ــ «قېرىنداشلار» يەنى تىتۇس ھەم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى قېرىنداش.

**بىز خىجالەتكە قالدۇرۇلىمىز، سىلەر سۆزسىز شۇنداق بولىسىلەر.**
**[5]شۇ سەۋەبتىن مەن قېرىنداشلاردىن يېنىڭلارغا بېرىپ سىلەردىن**
**بۇ ۋەدە قىلغان خەيرلىك ئىشنى ئالدىنئالا تەييارلاپ پۈتتۈرۈشنى**
**ئۆتۈنۈشنى زۆرۈر دەپ ھېسابلىدىم؛ شۇنداقلا بۇ سىلەردىن بىرەر**
**نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىش بولمىسۇن، بەلكى مېھرىبانلىقىڭلاردىن**
**بولسۇن. [6]ئەمما بۇنى ئەسلەڭلار: بېخىللىق بىلەن ئاز تېرىغان ئاز**
**ئالىدۇ، ئوچۇق قوللۇق بىلەن تېرىغىنى مول ئالىدۇ. [7]ھەر ئادەم**
**ھېچ قىينىلىپ قالماي ياكى مەجبۇرەن ئەمەس، بەلكى ئۆز كۆڭلىدە**
**پۈككىنىچە بەرسۇن؛ چۈنكى خۇدا خۇشاللىق بىلەن بەرگۈچىنى**
**ياخشى كۆرىدۇ. [8]ئەمما خۇدا ھەربىر ئىلتىپات-شاپائەتنى سىلەرگە**
**ئېشىپ تاشتۇرۇشقا قادىردۇر؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھەردائىم**
**ھەرتەرەپتە ھەر ئېھتىياجقا تەييار قۇۋۋەتلىنىسىلەر، كەڭرىچىلىكتە**
**تولۇپ قولىرىڭلار ھەرخىل گۈزەل ئىشقا يېتىدۇ. [9]مۇقەددەس**
**يازمىلاردا پۈتۈلگىنىدەك: ــ**
**«ئۇ ئۆزىنىڭكىنى تارقاتقان،**
**ئۇ يوقسۇللارغا سەدىقە بەرگەن؛**
**ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى مەڭگۈگە تۇرىدۇ».**
**[10]ئەمدى تېرىغۇچىغا تېرىغىلى ئۇرۇق، يېگىلى نان ئاتا قىلغۇچى**
**سىلەرنىڭ تېرىيدىغان ئۇرۇقلىرىڭلارنى تەمىنلەپ مول قىلىدۇ،**

---

6:9 **«ئوچۇق قوللۇق بىلەن تېرىغىنى مول ئالىدۇ»** ــ ياكى «بەرىكەتلەپ تېرىغىنى بەرىكەتلىنىپ ئالىدۇ».

**6:9** پەند. 11:24؛ گال. 6:7.

**7:9** مىس. 25:2؛ 35:5؛ قان. 15:7؛ رىم. 12:8.

8:9 **«كەڭرىچىلىكتە تولۇپ قولىرىڭلار ھەرخىل گۈزەل ئىشقا يېتىدۇ»** ــ «كەڭرىچىلىكتە تولۇپ» گرېك تىلىدا «ئېشىپ تاشقىنلىنىپ» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

9:9 **«ئۇ ئۆزىنىڭكىنى تارقاتقان، ئۇ يوقسۇللارغا سەدىقە بەرگەن؛ ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى مەڭگۈگە تۇرىدۇ»** ــ «زەب.» 112:9.

**9:9** زەب. 112:9.

ھەققانىيلىقنىڭلارنىڭ ھوسۇل-مېۋىلىرىنى كۆپەيتىدۇ. [11] شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھەرقانداق ئەھۋالدا قولى ئوچۇق بولۇشقا ھەر تەرەپتە بېيىتىلىسىلەر، شۇنىڭدەك بۇ ئىش بىز ئارقىلىق خۇداغا كۆپ تەشەككۇرلەرنى ئېلىپ بارىدۇ؛ [12] چۈنكى بۇ خەيرلىك خىزمەتنى ئادا قىلىش پەقەت مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى قاندۇرۇپلا قالماي، كۆپ كىشىلەرنىڭ خۇداغا يەتكۈزگەن تەشەككۇرلىرىنى ئېشىپ تاشتۇرىدۇ. [13] بۇ ياردەم خىزمىتى ئۆزلىرىڭلارنىڭ مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئېتىراپ قىلىشىڭلاردىكى مېۋە بولغان ئىتائەتمەنلىكىڭلارغا دەلىل-ئىسپات بولىدۇ، شۇنداقلا سىلەرنىڭ مۇشۇ ھاجەتمەن بەندىلەرگە، شۇنداقلا بارلىق ئادەملەرگە كۆرسەتكەن ئوچۇق قوللۇق سېخىيلىقىڭلاردىن ئۇلار خۇدانى ئۇلۇغلايدۇ. [14] ۋە خۇدانىڭ سىلەردە تاشقىنلاتقان ئاجايىب مېھىر-شەپقىتى تۈپەيلىدىن، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلغىنىدا، ئۇلار سىلەرگە تەلپۈنۈپ قاتتىق سېغىنىپ ئەسلەيدۇ. [15] ئۇنىڭ تىل

---

10:9 **«ئەمدى تېرىغۇچىغا تېرىغىلى ئۇرۇق، يېگىلى نان ئاتا قىلغۇچى سىلەرنىڭ تېرىيدىغان ئۇرۇقلىرىڭلارنى تەمىنلەپ مول قىلىدۇ،...»** ــ «تېرىيدىغان ئۇرۇقلىرىڭلار» ھەرخىل كۆچمە مەندە بولۇپ، «ھاجەتمەنلەرگە تېخىمۇ مەردلىك بىلەن خەيرلىك قىلىش پۇرسەتلىرى»، «باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش پۇرسەتلىرى» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ «مېۋىلىرى» بولسا، باشقىلارنى ئېتىقادقا كەلتۈرۈش، ئېتىقادچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق ھەرخىل ئېسىل نەتىجىلەرنى كۆرسىتىدۇ ــ 11-12-ئايەتنى كۆرۈڭ.

11:9 **«شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھەرقانداق ئەھۋالدا قولى ئوچۇق بولۇشقا ھەر تەرەپتە بېيىتىلىسىلەر، شۇنىڭدەك بۇ ئىش بىز ئارقىلىق خۇداغا كۆپ تەشەككۇرلەرنى ئېلىپ بارىدۇ»** ــ ئىئانە يېرۇسالېمدىكى ئېتىقادچىلارغا تاپشۇرۇلغاندا، ئۇلار خۇداغا كۆپ تەشەككۇر بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە، شۇنداقلا باشقا جامائەتلەرمۇ ئۇ ئىشنى ئاڭلاپ شۇنداق قىلىدۇ.

12:9 **«بۇ خەيرلىك خىزمەتنى ئادا قىلىش»** ــ «ئادا قىلىش» مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا: «(كاھىنلار) قۇربانلىق قىلغاندەك ئادا قىلىش».

14:9 **«ۋە خۇدانىڭ سىلەردە تاشقىنلاتقان ئاجايىب مېھىر-شەپقىتى تۈپەيلىدىن، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلغىنىدا، ئۇلار سىلەرگە تەلپۈنۈپ قاتتىق سېغىنىپ ئەسلەيدۇ»** ــ «رىم.» 15:26-27دىن كۆرۈندۇكى، كورىنتتىكى (ئاقايادىكى) جامائەتلەر پاۋلۇسنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاخىر قوبۇل قىلىپ چوڭ ئىئانە توپلاپ، يېرۇسالېمغا ئەۋەتكەنىدى.

بىلەن ئىپادىلىگۈسىز ئاجايىب سوۋغىسى ئۈچۈن خۇداغا تەشەككۈر
بولغاي!

## پاۋلۇسنىڭ روسۇللۇق هوقۇقىنى ئاقلىشى

10 [1] ئەمما ئۆزۈم، سىلەر بىلەن بىللە بولغاندا مۇئامىلىسى
يۇمشاق، لېكىن سىلەردىن ئايرىلغاندا سىلەرگە قارىتا
قاتتىق قوللۇق دەپ قارالغان مەنكى پاۋلۇس مەسىھنىڭ يۇۋاش-
مۆمىنلىكى ۋە مۇلايىملىقى بىلەن سىلەردىن ئۆتۈنۈمەن، [2] —
شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، يېنىڭلارغا بارغىنىمدا، بىزنى «ئەتلەر
بويىچە ماڭغانلار!» دەپ گۇمان بىلەن قارايدىغان بەزىلەرگە قارىتا
ئويلىغىنىمدەك قاتتىق قوللۇق قىلىشقا مېنى مەجبۇر قىلماڭلار؛
[3] گەرچە بىز ئىنسانىي ئەتلەردە يۈرسەكمۇ، بىز ئەتلەر بويىچە جەڭ قىل
مايمىز. [4] چۈنكى جەڭ قوراللىرىمىز ئەتكە تەۋە قوراللار ئەمەس، بەلكى
خۇدا تەرىپىدىن قورغان-ئىستېھكاملارنى گۇمران قىلىش كۈچىگە

1:10 **«مەسىھنىڭ يۇۋاش-مۆمىنلىكى ۋە مۇلايىملىقى بىلەن...»** — شۇ دەۋردىكى ھەربىي ئىشلاردا «ياۋاش-مۆمىنلىك ھەم مۇلايىملىق» دېگەنلىك«كەڭچىلىك ھەم رەھىمدىللىق» دېگەن باشقا مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

2:10 **«بىزنى «ئەتلەر بويىچە ماڭغانلار!» دەپ گۇمان بىلەن قارايدىغان بەزىلەرگە قارىتا ئويلىغىنىمدەك قاتتىق قوللۇق قىلىشقا مېنى مەجبۇر قىلماڭلار»** — ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولىدۇكى، «ئەتلەر بويىچە ماڭغانلار» دېگەن ئىبارە، «ئىنسانىي (خۇدانىڭكى ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنىڭ) كۆز-قاراشلار بويىچە ماڭغانلار»نى بىلدۈرىدۇ.

3:10 **«گەرچە بىز ئىنسانىي ئەتلەردە يۈرسەكمۇ، بىز ئەتلەر بويىچە جەڭ قىلمايمىز»** — ئايەتتىكى «جەڭ» ئەڭ مۇھىم جەڭ، يەنى روھىي جەڭنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. «ئەتلەر بويىچە» يۇقىرىقى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. مەنىسى: «بۇ دۇنيادا ياشىساقمۇ، بۇ دۇنيانىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى بويىچە ياشايدىغانلاردەك (روھىي) جەڭ قىلمايمىز».

ئىگە قىلىنغان قوراللاردۇر؛ [5]بىز ئۇلار بىلەن بەس-مۇنازىرىلەرنى
ۋە خۇدانى تونۇشقا قارشىلىششقا تۇرغان ھەرقانداق ھاكاۋۇر
توسالغۇنى گۇمران قىلىمىز، شۇنداقلا ھەربىر ئوي-خىياللارنى
مەسىھكە بېقىندۇرۇپ ئىتائەت قىلىشقا كەلتۈرىمىز؛ [6]سىلەر تولۇق
ئىتائەت قىلغاندىن كېيىن، ئاراڭلاردا قانداق ئىتائەتسىزلىك قالغان
بولسا بۇلارنى جازالاشقا تەييارمىز.
[7]سىلەر پەقەت كۆز ئالدىڭلاردىكى ئىشلارغىلا قارايدىكەنسىلەر.
ئەگەر بىرسى ئۆزىنى مەسىھكە تەۋەمەن دەپ قارىسا، ئۇ يەنە شۇنىڭ
ئۈستىگە ئويلانسۇنكى، ئۇ مەسىھكە تەۋە بولغىنىغا ئوخشاش،
بىزمۇ ئۇنىڭغا تەۋەدۇرمىز. [8]چۈنكى، رەب تەرىپىدىن سىلەرنى نابۇت
قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېتىقادىڭلارنى قۇرۇش ئۈچۈن بىزگە
ئامانەت قىلىنغان ھوقۇقىمىز توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ زىيادىرەك
ماختانساممۇ، بۇنىڭدا ھېچ يەرگە قاراپ قالمايمەن؛ [9]ئەمدى مەن
پەقەت خەتلەردىلا سىلەرنى قورقاتماقچى ئەمەسمەن؛ [10]چۈنكى بەزىلەر:
«ئۇنىڭ خەتلىرى دەرۋەقە ۋەزىنلىك ھەم كۈچلۈك؛ لېكىن ئۇ يېتىپ
كەلگەندە سالاپەتسىز، گېپىنىڭ تۈتامى يوق بولىدۇ» دېيىشىدۇ.
[11]ئەمدى بۇنداق خىيال قىلغۇچىلار شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، بىز
يىراقتا بولغىنىمىزدا خەتلەردىكى سۆزىمىز قانداق بولغان بولسا بىز
يېتىپ بارغىنىمىزدا ئەمەلىيىتىمىزمۇ شۇنداق بولىدۇ.

---

4:10 **«چۈنكى جەڭ قوراللىرىمىز ئەتكە تەۋە قوراللار ئەمەس، بەلكى خۇدا تەرىپىدىن قورغان-ئىستىھكاملارنى گۇمران قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىنغان قوراللاردۇر»** — «ئەتكە تەۋە قوراللار» بولسا بۇ دۇنياغا خاس قوراللار، يەنى قىلىچ، ئوقيا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**4:10** يەر. 10:1؛ ئەف. 13:6-18.

5:10 **«بەس-مۇنازىرىلەر»** — ياكى «بىدئەت سەپسەتىلىرى».

6:10 **«سىلەر تولۇق ئىتائەت قىلغاندىن كېيىن»** — 5-ئايەتتە ئېيتىلغاندەك، مەسىھكە ئىتائەت قىلىش، ئەلۋەتتە. **«ئاراڭلاردا قانداق ئىتائەتسىزلىك قالغان بولسا بۇلارنى جازالاشقا تەييارمىز»** — «جازالاشقا تەييار» توغرۇلۇق 2:13-3 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

7:10 **«سىلەر پەقەت كۆز ئالدىڭلاردىكى ئىشلارغىلا قارايدىكەنسىلەر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «كۆز ئالدىڭلاردىكى ئىشلارغا ئوبدان قاراپ بېقىڭلار!».

[12] چۈنكى بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلار بىلەن بىر
قاتارغا قويۇشقا ياكى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا پېتىنالمايمىز؛
شۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەپ،
ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولۇپ، ھەقىقەتەن ئەق
ىلسىزلاردىندۇر. [13] بىز ئەمدى ئۆزىمىزگە بېكىتىلگەن ئۆلچەمدىن
ھالقىپ ماختانمايمىز يوق. بىز بەلكى ھەممىنى
ئۆلچىگۈچى خۇدا بىزگە بېكىتكەن خىزمەت دائىرىسىدىكى ئۆلچەم،
يەنى سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغىمۇ يېتىدىغان ئۆلچەم بىلەن
پەخىرلىنىمىز. [14] چۈنكى ئۆلچىمى سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا
يەتمەيدىغان كىشىلەردەك، خىزمىتىڭلاردا بولغىنىمىزدا
دائىرىمىزدىن ھالقىپ كەتمەيمىز، چۈنكى بىز مەسىھنىڭ خۇش
خەۋىرىنى يەتكۈزۈشتە بىرىنچى بولۇپ يېنىڭلارغىمۇ كەلدۇق. [15] بىز
خىزمەت دائىرىمىزدىن ھالقىپ، باشقىلارنىڭ سىڭدۈرگەن جاپا-
ئەجرلىرى بىلەن ماختانغىنىمىز يوق؛ لېكىن بىز سىلەرنىڭ
ئىمان-ئېتىقادىڭلار ئۆسكەنسېرى ئاراڭلاردىكى خىزمىتىمىز بىزگە
بېكىتىلگەن دائىرىمىز ئىچىدە تېخىمۇ زىيادە كېڭەيتىلسۇن دەپ ئۈمىد
قىلىمىز؛ [16] شۇنداق بولغاندا، بىز سىلەردىن تېخىمۇ يىراق يەرلەرگە خۇش
خەۋەرنى يەتكۈزۈپ جاكارلايدىغان بولىمىز؛ تەييارغا ھەييار بولۇپ،
باشقىلارنىڭ دائىرىسىدىكى خىزمەت ئەجرى بىلەن ماختىنىش بىزگە
يات. [17] ئەمما «پەخىرلىنىپ ماختىنغۇچى بولسا رەبدىن پەخىرلىنىپ

**12:10** 2كور. 1:3؛ 12:5.

13:10 **«بىز ئەمدى ئۆزىمىزگە بېكىتىلگەن ئۆلچەمدىن ھالقىپ ماختانمايمىز يوق»** ــ «ئۆزىمىزگە بېكىتىلگەن ئۆلچەم» ــ دېمەك، خۇدا پاۋلۇس ۋە بارناباسقا خۇش خەۋەر جاكارلاشتىكى ھەمدە جامائەتلەرنى قۇرۇشتىكى خىزمەتنىڭ دائىرىسىنى بېكىتكەن ئۆلچەم. **«سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغىمۇ يېتىدىغان ئۆلچەم»** ــ گرېك تىلىدا «سىلەرگە يەتكەن ئۆلچەم».

**13:10** ئەف. 7:4.

16:10 **«تەييارغا ھەييار بولۇپ، باشقىلارنىڭ دائىرىسىدىكى خىزمەت ئەجرى بىلەن ماختىنىش بىزگە يات»** ــ كورىنتتىكى جامائەت ئارىسىدىكى «ساختا روسۇللار» دەل شۇنداق ئىش قىلىۋاتاتتى، ئۇلار پاۋلۇس ئەجىر سىڭدۈرگەن كورىنتلىقلاردىن «بىزنىڭ ئەجرىمىز» دەپ ماقتانماقتا ئىدى

ماختىنىشى كېرەك!». [18] چۈنكى ئۆزىنى تەرىپلىگۈچى ئەمەس، بەلكى
رەب تەرىپلىگەن كىشى ھەقىقەتەن لاياقەتلىكتۇر.

## ئۆزىنى «روسۇل» دەپ ئاتىۋالغانلاردىن ھېزى بولۇڭلار!

11 [1] ماختانغان بۇ ئازغىنە ئەخمەقلىكىمغا سەۋرچان
بولغايسىلەر! ئەمدى سىلەر ماڭا سەۋرچانلىق قىلىپ
كېلىۋاتىسىلەر. [2] چۈنكى مەن خۇدادىن كەلگەن ئوتلۇق مۇھەببەت
بىلەن سىلەرنى ئازدۇرۇشلاردىن ھەسەت قىلىمەن؛ چۈنكى قىزنى
بىر ئەرگىلا ياتلىق قىلغاندەك، مەن سىلەرنى مەسىھكىلا پاك
قىز سۈپىتىدە ھازىر بولۇشقا ۋەدىلەشتۈرگەنمەن. [3] ئەمما يىلان
ھاۋائانىمىزنى ھىيلىگەرلىكى بىلەن ئازدۇرغاندەك، ئوي-كۆڭلۈڭلار
مەسىھكە باغلانغان سەممىي، ساپ ۋاپالىقتىن ئېزىپ بۇلغىنىشى
مۇمكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. [4] چۈنكى بىرسى كېلىپ بىز سىلەرگە
ھېچ جاكارلاپ باقمىغان باشقا بىر ئەيسانى جاكارلىسا، ياكى
قەلبىڭلاردىن ئورۇن بەرگەن روھنىڭ ئورنىغا باشقا بىر روھقا ئورۇن
بەرسەڭلار ۋە سىلەر قوبۇل قىلغان خۇش خەۋەردىن باشقا بىر «خۇش
خەۋەر»نى قوبۇل قىلساڭلار، سىلەر بۇ ئىشلارغا ئاجايىپ سەۋر-تاقەت

---

17:10 «پەخىرلىنىپ ماختىنىغۇچى بولسا رەبدىن پەخىرلىنىپ ماختىنىشى كېرەك!» ــ
«يەر.» 24:9.
**17:10** يەش. 16:65؛ يەر. 22:9-23؛ 1كور. 31:1.
**18:10** پەند. 2:27.
**2:11** لاۋ. 13:21.
**3:11** يار. 4:3؛ يۇھ. 44:8.

بىلەن ئۆتۈۋېرىشكىلار مۇمكىن!
[5] ھالبۇكى، مەن ئۆزۈمنى ھەرقانداق ئىشتا ئاشۇ «قالتىس ئۇلۇغ
روسۇللار»دىن كەم سانىمايمەن! [6] گەرچە مېنىڭ گەپ-سۆزلىرىم ئاددىي
بولسىمۇ، بىلىم جەھەتتە مەن ئۇنداق ئەمەس؛ بىز قىلىۋاتقان ھەربىر
ئەمەللىرىمىزدە بۇنى سىلەرگە ھەر جەھەتتىن ئىسپاتلاپ روشەن قى
لدۇق. [7] ئەمدى مەن سىلەرنى كۆتۈرۈلسۇن دەپ ئۆزۈمنى تۆۋەن تۇتۇپ،
خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى ھەق تەلەپ قىلماي جاكارلاپ گۇناھ قىلدى
ممۇ؟ [8] مەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولۇشقا باشقا جامائەتلەردىن

4:11 «چۈنكى بىرسى كېلىپ بىز سىلەرگە ھېچ جاكارلاپ باقمىغان باشقا بىر ئەيسانى جاكارلىسا، ياكى قەلبىڭلاردىن ئورۇن بەرگەن روھنىڭ ئورنىغا باشقا بىر روھقا ئورۇن بەرسەڭلار ۋە سىلەر قوبۇل قىلغان خۇش خەۋەردىن باشقا بىر «خۇش خەۋەر»نى قوبۇل قىلساڭلار، سىلەر بۇ ئىشلارغا ئاجايىب سەۋر-تاقەت بىلەن ئۆتۈۋېرىشكىلار مۇمكىن!» — بۇ ئىنتايىن تەنىلىك، كىنايىلىك كىناي گەپ، ئەلۋەتتە. پاۋلۇس ئۇلارنىڭ ئەھۋالدىن خېلى ئەنسىرىۋاتىدۇ. —«سىلەر بۇ ئىشلارغا ئاجايىب سەۋر-تاقەت بىلەن ئۆتۈۋېرىشكىلار مۇمكىن!» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «سىلەر شۇنىڭغا سەۋر-تاقەت بىلەن ئۆتۈۋېرەمسىلەركىن دەيمەن!».

**4:11** گال. 1:8.

**5:11 «ھالبۇكى، مەن ئۆزۈمنى ھەرقانداق ئىشتا ئاشۇ «قالتىس ئۇلۇغ روسۇللار»دىن كەم سانىمايمەن!»** — «قالتىس ئۇلۇغ روسۇللار» شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن كىنايىلى، ھەجۋىي گەپ. بەزى ئالىملار، بۇ سۆزلەر ھەقىقىي ئۇلۇغ روسۇللار (پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپ قاتارلىقلار)نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. پىكرىمىزچە پاۋلۇس كورىنتتىكى جامائەتكە ئۆزلىرىنى «روسۇل» دەپ تونۇشتۇرغان بەزىبىر ئالدامچىلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ (يەنى پاۋلۇسنىڭ) روسۇللۇق ھوقۇقىنى يوققا چىقارماقچى. 12-33-ئايەتلەر ۋە 11:12-ئايەت بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

**6:11 «گەرچە مېنىڭ گەپ-سۆزلىرىم ئاددىي بولسىمۇ،..»** — مۇشۇ ئىبارە ئادەتتە «نۇتۇق سۆزلەشكە تەربىيىلەنمىگەن» كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**7:11 «ئەمدى مەن سىلەرنى كۆتۈرۈلسۇن دەپ ئۆزۈمنى تۆۋەن تۇتۇپ، خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى ھەق تەلەپ قىلماي جاكارلاپ گۇناھ قىلدىممۇ؟»** — پاۋلۇس ئېتىقادچىلارغا ئۆز ئېغىرىنى سالماسلىق ئۈچۈن، ئۆز ھۈنىرىگە تايىنىپ، تۇرمۇشىنى قامدىغان (9-ئايەتنى كۆرۈڭ). بىراق بەزىلەر (بولۇپمۇ «ساختا روسۇللار») «پاۋلۇس ھەقىقىي روسۇل بولغان بولسا، ئېتىقادچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە تايانغان بولاتتى» دەپ، ئۇنى روسۇل ئەمەس دەپ ئىنكار قىلغانىدى.

**7:11** 1كور. 9:12.

بۇلاپ-تالاپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدىم. [9]سىلەر بىلەن
بىللە بولغان ۋاقتىلىرىمدا، ھاجەتمەن بولغان بولساممۇ، مەن
ھېچكىمگە ئېغىرىمنى سالغان ئەمەس (چۈنكى ماكېدونىيەدىن
كەلگەن قېرىنداشلار مېنىڭ كەم-كۈتەمنى تولۇقلاپ بەردى)؛
ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈمنى سىلەرگە يۈك بولۇپ قېلىشتىن ساقلاپ
كەلدىم ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىمەن. [10]مەسىھنىڭ
ھەقىقىتى مەندە راست بولغاندەك، ئاقايا يۇرتلىرىدا ھېچكىممۇ
مېنى مۇشۇ ماختىنىشتىن توسمايدۇ! [11]نېمە ئۈچۈن؟ سىلەرنى
ياخشى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟! خۇدا بىلىدۇ! [12]لېكىن بىزگە
ئوخشاش ھېسابلىنىش پۇرسىتىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ پۇرسىتىنى
مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ئۇلار ماختىنىدىغان ئىشلاردا
ھەقىقەتەن بىزگە ئوخشاش بولسۇن دەپ، مەن نېمە قىلىۋاتقان بولسام
شۇنى قىلىۋېرىمەن. [13]چۈنكى بۇنداق كىشىلەر ساختا روسۇللار،
ئالدامچى خىزمەتكارلار، مەسىھنىڭ روسۇللىرىنىڭ قىياپىتىگە
كىرىۋالغانلاردۇر. [14]بۇ ئىش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى شەيتان

---

8:11 **«مەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولۇشقا باشقا جامائەتلەردىن بۇلاپ-تالاپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدىم»** — «...باشقا جامائەتلەردىن بۇلاپ-تالاپ» — بۇ يەنە تەنلىك، كىنايىلىك گەپ، ئەلۋەتتە. پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە باشقا جامائەتلەرنىڭ كۆپلىگەن ئىقتىسادىي ياردىمىگە مۇيەسسەر بولۇپ (9-ئايەتنى كۆرۈڭ)، كورىنتلىقلارنى گۇمان سۆزلىرىدىن خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دەيدۇ.

**8:11** روس. 33:20؛ 2كور. 13:12؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېس. 8:3.

**9:11** فىل. 15:4.

10:11 **«ھېچكىممۇ مېنى مۇشۇ ماختىنىشتىن توسۇمايدۇ!»** — «مۇشۇ ماختىنىش(نى)» بولسا، پاۋلۇس كورىنتلىقلاردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلماي ئۇلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەندى.

12:11 **«مەن نېمە قىلىۋاتقان بولسام شۇنى قىلىۋېرىمەن»** — دېمەك، پاۋلۇسنىڭ ھەق ئالماي خۇش خەۋەرنى خالىس يەتكۈزۈۋاتقانلىقى. ئۇ شۇنداق قىلىۋەرسە، «ساختا روسۇللار» ئۆزلىرىنى پاۋلۇس ۋە ھەمكارلىرى بىلەن سېلىشتۇرالماي قالىدۇ.
—ئەمەلىيەتتە پاۋلۇسنىڭ: «ئۇلار ماختىنىدىغان ئىشلاردا ھەقىقەتەن بىزگە ئوخشاش بولسۇن» دېگىنىدە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ توۋا قىلىپ، ھەقىقەتەن خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولۇشىغا ھەقىقىي تىلەكداش بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆزىمۇ نۇرلۇق بىر پەرىشتىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. [15] شۇڭا ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىنى ھەققانىيلىقنىڭ خىزمەتچىلىرى قىياپىتىگە كىرگۈزىۋېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس؛ لېكىن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىگەنلىرىگە لايىق بولىدۇ.

## ھەقىقىي روسۇللارنىڭ تارتقان جاپالىرى - «ساختا روسۇللار» ئۇنداق ئەمەس!

[16] يەنە شۇنى ئېيتىمەنكى، ھېچكىم مېنى ئەخمەق دەپ ھېسابلىمىسۇن؛ ھەتتا ئەگەر مېنى شۇنداق دەپ قارىساڭلارمۇ، ئەمدى مەندەك ئەخمەقنى سەۋر قىلىپ قوبۇل قىلغايسىلەر، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈممۇ ئازغىنە ماختىنىۋالاي. [17] مېنىڭ ھازىر بۇلارنى سۆزلىشىم رەب تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلەرچە يۈرەكلىك پو ئېتىپ ماختىنىشىم، خالاس. [18] نۇرغۇن ئادەملەر ئىنسانلارچە پو ئېتىپ ماختانغاندىكىن، مەنمۇ ماختىنىپ باقاي. [19] چۈنكى ئۆزۈڭلار شۇنچە دانا بولغاندىن كېيىن، سىلەر ئەخمەقلەرگە سەۋر-تاقەت قىلىشقا رازى بولىسىلەر! [20] مەسىلەن بىرسى سىلەرنى قۇل قىلىۋالسا، بىرسى سىلەرنى يۇتۇۋالسا، بىرسى سىلەردىن نەپ ئالسا، بىرسى ئالدىڭلاردا چوڭچىلىق قىلسا ياكى يۈزۈڭلارغا كاچات سالسا، سىلەر ئۇنىڭغا يول قويىسىلەر. [21] ئەپسۇس، نومۇس قىلىپ ئېيتىمەنكى، بىز ئۇنداق

---

16:11 **«شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈممۇ ئازغىنە ماختىنىۋالاي»** — ساختا روسۇللارنىڭ ماختىنىشلىرى خېلى كۆپ ئىدى. 18-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**18:11** 2كور. 10:13؛ 12:5، 6.

19:11 **«چۈنكى ئۆزۈڭلار شۇنچە دانا بولغاندىن كېيىن، سىلەر ئەخمەقلەرگە سەۋر-تاقەت قىلىشقا رازى بولىسىلەر!»** — بۇ جۈملە بەلكىم پاۋلۇسنىڭ بۇ خېتىدە ئەڭ كىنايىلىك گېپى، ئەڭ كۆچلۈك تاپا-تەنىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار باشقىلارنىڭ «ئەخمەقلىق»ىغا شۇنچە سەۋر-تاقەتلىك بولغان يەردە، (20-ئايەت) پاۋلۇسنىڭ «پەخىرلىنىشلىرى»گە سەۋر-تاقەتلىك بولۇشى كېرەكقۇ!

20:11 **«مەسىلەن بىرسى سىلەرنى قۇل قىلىۋالسا، بىرسى سىلەرنى يۇتۇۋالسا، بىرسى سىلەردىن نەپ ئالسا، بىرسى ئالدىڭلاردا چوڭچىلىق قىلسا ياكى يۈزۈڭلارغا كاچات سالسا، سىلەر ئۇنىڭغا يول قويىسىلەر»** — پاۋلۇس مۇشۇ ساختا روسۇللارنى، ئۇلارنىڭ

ئىشلارغا ئاجىزلىق قىلدۇق! ئەمما ئۇلار بىرەر ئىشتا ماختىنىشقا
پېتىنغان يەردە (ئەخمەقلەرچە سۆزلەۋاتىمەن!) مەنمۇ شۇ ئىشتا
ماختىنىشقا پېتىنىمەن.
[22]ئۇلار ئىبرانىيلارمۇ؟ مەنمۇ شۇنداق. ئۇلار ئىسرائىللارمۇ؟ مەنمۇ
شۇنداق. ئۇلار ئىبراھىمنىڭ نەسلىمۇ؟ مەنمۇ شۇنداق. [23]ئۇلار
مەسىھنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ؟ (مەن ئەقلىدىن ئازغانلاردەك
سۆزلەۋاتىمەن!)؛ مەن تېخىمۇ شۇنداق؛ زىيادە كۆپ زورۇقۇپ ئىشلىدىم،
ئىنتايىن كۆپ دەررىلەندىم، ئىنتايىن كۆپ قېتىم قامالدىم، كۆپ
قېتىم ئۆلۈم خەۋپلىرىگە دۇچ كەلدىم؛ [24]يەھۇدىيلارنىڭ «بىر كەم
قىرىق قامچا» جازاسىغا بەش قېتىم تارتىلدىم، [25]ئۈچ قېتىم
تىكەنلىك قامچا جازاسىنى يېدىم، بىر قېتىم چالما-كېسەك
قىلىندىم، ئۈچ قېتىم كېمە ھادىسىسىگە ئۇچرىدىم، بىر كېچە-
كۈندۈزنى دېڭىزدا ئۆتكۈزدۈم. [26]دائىم سەپەرلەردە بولىمەن؛ دەريالارنىڭ

---

ئىچىدىكى زەھەرنى سۆكمەكچى.

21:11 **«ئەپسۇس، نومۇس قىلىپ ئېيتىمەنكى، بىز ئۇنداق ئىشلارغا ئاجىزلىق قىلدۇق!»** — بۇ يەنە تاپا-تەنە، كىنايىلىك گەپ، ئەلۋەتتە. پاۋلۇس ھەرگىز ئادەملەردىن نەپ ئېلىپ بوزەك قىلماقچى بولغان ئەمەس. «ئاجىزلىق» دېگەنلىك يەنە بەلكىم ئۇلارغا پاۋلۇسنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىدىكى تېنى ئاجىزلىقنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. (12:7-10نى كۆرۈڭ).

**21:11** فىل. 4:3.

**22:11** روس. 3:22.

23:11 **«ۇلار مەسىھنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ؟ مەن ئەقلىدىن ئازغانلاردەك سۆزلەۋاتىمەن!»** — ئۇلار (ساختا روسۇللار) مەسىھنىڭ خىزمەتكارلىرى ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنى شۇنداق كۆرسەتمەكچى بولىدۇ.

**23:11** روس. 16:9؛ 11:21؛ 1كور. 10:15؛ 2كور. 4:6.

24:11 **«يەھۇدىيلارنىڭ «بىر كەم قىرىق قامچا» جازاسىغا بەش قېتىم تارتىلدىم،...»** — دېمەك، ئوتتۇز توققۇز قامچا جازالىنىشى. تەۋرات، «قان.» 3:25نى كۆرۈڭ.

**24:11** قان. 3:25.

25:11 **«ئۈچ قېتىم تىكەنلىك قامچا جازاسىنى يېدىم»** — «تىكەنلىك قامچا جازاسى» رىم ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بولسا كېرەك ئىدى. «روس.» 22:16دە بىر قېتىم خاتىرىلەنگەن. «مات.» 26:27دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**25:11** روس. 19:14؛ 22:16؛ 9:27، 41.

**خەۋپلىرىنى، قاراقچىلارنىڭ خەۋپلىرىنى، يۇرتداشلىرىمنىڭ**
**خەۋپلىرىنى، يات ئەللىكلەرنىڭ خەۋپلىرىنى، شەھەرنىڭ خەۋپىنى،**
**باياۋاننىڭ خەۋپلىرىنى، دېڭىزنىڭ خەۋپلىرىنى، ساختا قېرىنداشلار**
**ئارىسىدىكى خەۋپلىرىنى باشتىن كەچۈردۈم؛ 27 ئەمگەكلەر ۋە جاپا**
**ئىشلاردا زورۇقۇپ، پات-پات تۈنەكلەردە، ئاچلىقتا ۋە ئۇسسۇزلۇقتا،**
**دائىم روزا تۇتۇشلاردا، سوغۇقلاردا ۋە يېلىڭ-يالىڭاچلىقتا يۈرۈپ**
**كەلدىم. 28 بۇ سىرتتىكى ئىشلاردىن باشقا، ئىچ-باغرىمدا بارلىق**
**جامائەتلەر ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۈستۈمنى بېسىپ كېلىۋاتقان**
**غەملەرنى يەۋاتىمەن. 29 ھەركىم ئاجىزلىسا، مەن ئاجىزلىمىدىممۇ؟**
**ھەركىم ئېزىپ پۇتلاشقان بولسا، مەن ئۆرتەنمىدىممۇ؟! 30 ئەمدى**
**ئەگەر ماختىنىشىم زۆرۈر بولسا، ئۆز ئاجىزلىقىمنى كۆرسىتىدىغان**
**ئىشلار بىلەن ماختىنىمەن.**
**31 رەب ئەيسانىڭ خۇدا-ئاتىسى، مەڭگۈ تەشەككۈر-مەدھىيىلەرگە**
**لايىق بولغۇچىغا ئايانكى، مەن يالغان ئېيتمىدىم.**
**32 دەمەشق شەھىرىدە پادىشاھ ئارېتاسنىڭ قول ئاستىدىكى ۋالىي**
**مېنى تۇتۇش ئۈچۈن، پۈتۈن دەمەشق شەھىرىنى قاتتىق تەقىب**
**ئاستىغا ئالغانىدى. 33 لېكىن مەن سېپىلدىكى بىر كاماردىن سېۋەت**

---

27:11 **«پات-پات تۈنەكلەردە»** — دېمەك «پات-پات تۈنەپ دۇئا قىلىشلاردا». باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇيقۇسىزلىقلاردا».

28:11 **«بۇ سىرتتىكى ئىشلاردىن باشقا...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بۇ ئىشلاردىن تاشقىرى،...».

**28:11** روس. 18:20.

29:11 **«ھەركىم ئاجىزلىسا، مەن ئاجىزلىمىدىممۇ؟»** — «كىم ئاجىزلىسا» — ئېتىقاد تەرىپىدە ئاجىزلاش، دېمەك. «مەنمۇ ئاجىزلىدىم» — پاۋلۇس ئاجىزلىغان كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن بىردەك قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويغاندەك بولىدۇ. بۇنىڭغا مىسالنى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن بولغان دۇئا-تىلاۋەتلىرىدىن كۆرۈڭ («مىس.» 32:30-32).

**29:11** 1كور. 13:8.

**31:11** رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2.

**32:11** روس. 24:9.

بىلەن پەسكە چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قاچتىم.

## پاۋلۇسقا كەلگەن ۋەھىيلەر

12 [1] ئەپسۇس، مىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. گەرچە ئۇنىڭ پايدىسى
بولمىسىمۇ، مەن رەبدىن كەلگەن ئالامەت كۆرۈنۈشلەر ۋە
ۋەھىيلەر ئۈستىدە توختىلاي. [2] مەسىھدە بولغان بىر ئادەمنى تونۇيمەن؛
ئۇ ئون تۆت يىل ئىلگىرى (تەندە بولغان ھالدىمۇ، ياكى تەندىن
تاشقىرىمۇ بىلمەيمەن، خۇدا بىلىدۇ) ئۈچىنچى قات ئاسمانغا كۆتۈرۈل
دى. [3] مەن شۇنداق بىر كىشىنى بىلىمەن (تەندە بولغان ھالدىمۇ، ياكى
تەندىن تاشقىرىمۇ بىلمەيمەن، خۇدا بىلىدۇ) — [4] ئۇ جەننەتكە كۆتۈرۈلۈپ،
شۇ يەردە تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان، ئىنسانلارنىڭ
دېيىشى مەنئى قىلىنغان ئاجايىپ ئىشلارنى ئاڭلىدى. [5] شۇنداق
بىر ئادەم بىلەن ماختىنىمەن، ئۆزۈم ھەققىدە بولسا ئاجىزلىقمدىن
باشقا بىرەر ئىش بىلەن ماختانمايمەن. [6-7] ھەتتا ماختىناي دېسەممۇ
ئەخمەق ھېسابلانمايمەن؛ چۈنكى مەن ھەقىقەتنى ئېيتقان بولاتتىم؛
ئەمما بىرسى مەندە كۆرگىنىدىن ياكى مەن توغرۇلۇق ئاڭلىغىنىدىن
مېنى (ماڭا ئاشكارىلانغان ۋەھىيلەرنىڭ غايەت زور ئۇلۇغلۇقى
تۈپەيلىدىن) يۇقىرى ئويلاپ قالمىسۇن دەپ ئۆزۈمنى ماختىنىشتىن
يىغدىم. مۇشۇ ۋەھىيلەرنىڭ زور ئۇلۇغلۇقى تۈپەيلىدىن كۆرەڭلەپ

---

33:11 **«لېكىن مەن سېپىلدىكى بىر كاماردىن سېۋەت بىلەن پەسكە چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قاچتىم»** — ھەقىقىي روسۇللار ئۆمرىدە ئانچە راھەت كۆرمەيدۇ؛ پاۋلۇس بۇنىڭدىن يەنە بىر مىسال كۆرسىتىدۇ.

2:12 **«مەسىھدە بولغان بىر ئادەمنى تونۇيمەن»** — بۇ ئادەم دەل پاۋلۇسنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ خۇدا ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەھىي ۋە غايىبانە ئالامەتلەر بىلەن ماختىنىشنى قىلچە خالىمىغان بولۇپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشقا تىرىشىپ، ئۆزى توغرۇلۇق «مەن» دېمەي، «ئۈچىنچى شەخستە» سۆزلەيدۇ. **«ئۇ ئون تۆت يىل ئىلگىرى ... ئۈچىنچى قات ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى»** — تەۋرات-ئىنجىل بويىچە، پەقەت ئۈچ ئاسمان بار. بىرىنچى «ھاۋا»، ئىككىنچى «ئالەم بوشلۇقى»، ئۈچىنچىسى خۇدانىڭ ھۇزۇرىنىڭ ئۆزىدۇر.

**2:12** روس. 3:9؛ 17:22؛ 1كور. 8:15.

5:12 **«ئۆزۈم ھەققىدە بولسا ئاجىزلىقمدىن باشقا بىرەر ئىش بىلەن ماختانمايمەن»** — «ئاجىزلىقمدىن» گرېك تىلىدا «ئاجىزلىقلىرىمدىن».

كەتمەسلىكىم ئۈچۈن ئەتلىرىمگە سانجىلغان بىر تىكەن، يەنى
مېنى ئۇرۇپ تۇرسۇن دەپ شەيتاننىڭ بىر ئەلچىسى ماڭا تەقسىم
قىلىنغان؛ بۇنىڭ مەقسىتى، مېنىڭ كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىم ئۈ
چۈندۇر. [8]بۇنىڭ توغرىسىدا ئۇ مەندىن كەتسۇن دەپ رەبگە ئۈچ
قېتىم يېلىندىم؛ [9]لېكىن ئۇ ماڭا: «مېنىڭ مېھىر-شەپقىتىم ساڭا
يېتەرلىك؛ چۈنكى مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىدا
تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ» ــ دېدى. شۇڭا مەن مەسىھنىڭ كۈچ-
قۇدرىتى ۋۇجۇدۇمدا تۇرسۇن دەپ ئاجىزلىقلىرىمدىن ماختىنىشنى
تېخىمۇ خۇشلۇق بىلەن تاللىۋالىمەن؛ [10]شۇڭا مەن مەسىھ ئۈچۈن
ئاجىزلىقلارنى، ھاقارەتلەرنى، قىيىنچىلىقلارنى، زىيانكەشلىكلەرنى
ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى خۇرسەنلىك دەپ بىلىمەن. چۈنكى قاچان
ئاجىز بولسام، شۇ چاغدا كۈچلۈك بولىمەن.

## پاۋلۇسنىڭ كورىنتتىكى جامائەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى

[11]مەن ماختىنىپ دەرۋەقە ئەخمەق بولۇپ قالدىم! لېكىن ئۆزۈڭلار
مېنى بۇنىڭغا مەجبۇر قىلدىڭلار. ئەمەلىيەتتە ئەسلىدە مەن
سىلەر تەرىپىڭلاردىن تەرىپلىنىشىم كېرەك بولاتتى؛ چۈنكى ھېچ
ئەرزىمەس بولساممۇ، مەن ھېلىقى «قالتىس ئۇلۇغ روسۇللار»دىن
ھېچ تەرەپتە ھېچ ئىشتا كەم ئەمەسمەن. [12]دەرۋەقە مەن ئاراڭلاردا
بولغان چاغدا روسۇلنىڭ بېشارەتلىك ئالامەتلىرى، ھەرتەرەپلىك

---

7-6:12 **«مۇشۇ ۋەھىيلەرنىڭ زور ئۇلۇغلۇقى تۈپەيلىدىن كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن ئەتلىرىمگە سانجىلغان بىر تىكەن ... ماڭا تەقسىم قىلىنغان»** ــ «تىكەن»نىڭ كۆچمە مەنىسى بار، ئەلۋەتتە. **«... مېنى ئۇرۇپ تۇرسۇن دەپ شەيتاننىڭ بىر ئەلچىسى ماڭا تەقسىم قىلىنغان»** ــ گرېك تىلىدا «شەيتاننىڭ بىر پەرىشتىسى». «ئەلچى» ۋە «پەرىشتە» دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە بىر گەپ.

10:12 **«چۈنكى قاچان ئاجىز بولسام، شۇ چاغدا كۈچلۈك بولىمەن»** ــ پاۋلۇس ئاجىز بولغىنىدا مەسىھكە تېخىمۇ تايىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك بولىدۇ؛ ھەممىمىزمۇ شۇنداق بولۇشىمىز كېرەك.

**11:12** 1كور. 10:15.

چىدام-سەۋرچانلىق ئىچىدە مۆجىزىلىك ئالامەتلەر، كارامەتلەر ھەم
قۇدرەتلىك مۆجىزىلەر بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىلگەن. 13 سىلەرنى
باشقا جامائەتلەردىن قايسى تەرەپتە تۆۋەن ئورۇنغا قويدۇم؟ ــ پەقەتلا
ئۆزۈمنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا يۈك قىلىپ ئارتىپ قويمىغىنىم
بىلەنمۇ؟! مېنىڭ بۇ ئادالەتسىزلىكىمنى ئەپۇ قىلغايسىلەر! 14 مانا،
ھازىر يېنىڭلارغا ئۈچىنچى قېتىم بېرىشقا تەييارمەن، شۇنىڭ بىلەن
سىلەرگە ھېچ يۈك ئېغىرىمنى سالغۇم يوق. چۈنكى ئىزدىگىنىم
ئىگىلىكىڭلار ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭلاردۇر؛ پەرزەنتلىرى ئاتا-ئانىلار
ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن مال-مۈلۈك
يىغىشى كېرەك. 15 ئەمدى جېنىڭلار ئۈچۈن ئىگىلىكىمدىن خۇشلۇق
بىلەن سەرپ قىلىمەن ھەمدە ئۆزۈمنى سەرپ قىلىمەن ــ گەرچە مەن
سىلەرنى قانچە سۆيگەنسېرى مەن شۇنچە ئاز سۆيۈلسەممۇ. 16 ئەمدى
شۇنداق بولغىنى بىلەن، مەن سىلەرگە ھېچ يۈك بولغان ئەمەسمەن؛
بىراق ھېلىگەرلىك قىلىپ، مەن سىلەرنى بابلاپ قويدۇم! 17 ئەجەبا،

---

**12:12** 1كور. 2:9.

**13:12 «مېنىڭ بۇ ئادالەتسىزلىكىمنى ئەپۇ قىلغايسىلەر!»** ــ «ئادالەتسىزلىك» ئىنتايىن كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ، ئەلۋەتتە ــ بۇ سۆز پاۋلۇسنىڭ ئۇلاردىن ھېچ ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلمايى، ئۇلارغا خۇش خەۋەرنى ھەقسىز يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئەسلەتكىنىدەك، ئۇ كورىنتتا خۇش خەۋەرنىڭ خىزمىتىدە بولغىنىدا، باشقا جامائەتلەر ئۇنىڭغا ياردەم پۇلىنى ئەۋەتىپ بەردى.

**13:12** 1كور. 12:9؛ 2كور. 9:11.

**14:12 «چۈنكى ئىزدىگىنىم ئىگىلىكىڭلار ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭلاردۇر»** ــ «ئىزدىگىنىم» ــ ئىنجىل، «لۇقا» 10:19نى كۆرۈڭ.

**14:12** روس. 33:20.

**15:12** 2كور. 12:6.

**16:12 «مەن سىلەرگە ھېچ يۈك بولغان ئەمەسمەن؛ بىراق ھېلىگەرلىك قىلىپ، مەن سىلەرنى بابلاپ قويدۇم!»** ــ بىرىنچىدە بۇ يەنە تاپا-تەنە، ئىنتايىن كىنايىلىك گەپ. پاۋلۇس كورىنتلىقلارنى روھىي جەھەتتىن قۇتقۇزۇشقا تىلمەكچى بولۇپ، ئۆزى ئۇلارنىڭ يېنىغا بارمايى (كورىنتلىقلار بەلكىم ئۇنىڭ ياردەم-خىزمىتىنى رەت قىلغان بولاتتى)، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش باشقا كۆيۈمچان قېرىنداشلارنى ئۆز ئورنىغا ئەۋەتتى (17-ئايەتنى كۆرۈڭ).

—لېكىن باشقىلار مۇشۇ ئايەت: «بەزىلەر مېنى ھيلىگەرلىك قىلىپ، يالغان سۆزلەپ، سىلەردىن

مەن سىلەرگە ئەۋەتكەن ئادەملەرنىڭ بىرەرسى ئارقىلىق سىلەردىن نەپ ئالدىممۇ؟! [18] مەن تىتۇسنى سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بېرىشقا ئۈندىدىم ۋە يەنە ھېلىقى قېرىنداشنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋەتتىم. تىتۇسنىڭ سىلەردىن نەپ ئېلىپ باققان يېرى بارمۇ؟ بىز ئىككىلەن ئوخشاش بىر روھتا يۈرۈۋاتامدۇق؟ بىزنىڭ باسقان ئىزىمىز ئوخشاش ئەمەسمىكەن؟

[19] ياكى سىلەر ئەزەلدىن بىزنى «ئۇلار ئالدىمىزدا ئۆزلىرىنى ئاقلاپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟ ئىش ئۇنداق ئەمەس. بىز پەقەت مەسىھدە بولۇپ خۇدا ئالدىدا سۆزلەۋاتىمىز؛ قىلىۋاتقان ھەممە ئىشلار، ئى سۆيۈملۈكلىرىم، سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارنى قۇرۇش ئۈچۈندۇر. [20] چۈنكى مەن يېنىڭلارغا بارغىنىمدا، سىلەرنىڭ ئۈمىد قىلغان يېرىمدىن چىقماي قېلىشىڭلاردىن، ئۆزۈمنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈمىد قىلغان يېرىڭلاردىن چىقماي قېلىشىمدىن، يەنى ئاراڭلاردا غوۋغا-جېدەل، ھەسەتخورلۇق، غەزەپ-نەپرەت، مەنمەنچىلىك، تۆھمەتخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق ۋە پاراكەندىچىلىكلەر بولارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن؛ [21] ــ بۇ قېتىم سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بارغىنىمدا، ئاراڭلاردىكى گۇناھ سادىر قىلىپ، تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۆتكۈزگەن ناپاكلىق، بۇزۇقلۇق ۋە شەھۋانىي ئىشلاردىن تېخى توۋا قىلمىغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ سەۋەبىدىن خۇدايىم مېنى ئالدىڭلاردا تۆۋەن قىلىپ قويارمىكىن، شۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ماتەم تۇتماي تۇرالمايمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن.

---

نەپ ئۇندۇرۇۋالدۇ، دېيىشىپ يۈرىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىندۇ.

19:12 **«...سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارنى قۇرۇش ئۈچۈندۇر»** ــ گرېك تىلىدا: «...سىلەرنى قۇرۇش ئۈچۈندۇر». «ئادەمنى قۇرۇش» توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى كىرىش سۆزنىمۇ كۆرۈڭ.

21:12 **«خۇدايىم مېنى ئالدىڭلاردا تۆۋەن قىلىپ قويارمىكىن...»** ــ «ئالدىڭلاردا»، باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «سىلەر تۈپەيلىدىن». بەلكىم ئىككىلا خىل تەرجىمىسى توغرىدۇر. **«... تېخى توۋا قىلمىغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ سەۋەبىدىن خۇدايىم مېنى ئالدىڭلاردا تۆۋەن قىلىپ قويارمىكىن، شۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ماتەم تۇتماي تۇرالمايمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن»** ــ پاۋلۇس، كورىنتلىقلارنىڭ تېخى قەتئىيلىك بىلەن

## ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە سالاملار

13 [1] بۇ يېنىڭلارغا ئۈچىنچى قېتىم بېرىشىم بولىدۇ. «ھەر بىر
ھۆكۈم ئىككى-ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ ئاغزىدا ئىسپاتلىنىشى
كېرەك». [2-3] مەن ئىلگىرى ئىككىنچى قېتىم يېنىڭلاردا بولغىنىمدا
بۇرۇن گۇناھ سادىر قىلغانلارغا ھەم قالغان ھەممىڭلارغا شۇنداق ئېيتقان،
ھازىرمۇ سىلەردىن نېرى بولسامۇ قايتىدىن ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇپ
ئېيتىمەنكى (سىلەر مەسىھنىڭ مەن ئارقىلىق سۆزلىگەنلىكىگە
ئىسپات تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقىنىڭلار تۈپەيلىدىن)، مەن بارغىنىمدا
ھېچكىمنى ئايىمايمەن؛ دەرۋەقە مەن ئارقىلىق سۆزلەۋاتقان مەسىھ
سىلەرگە نىسبەتەن ئاجىز ئەمەس، بەلكى ئالدىڭلاردا ئىنتايىن قۇد-
رەتلىكتۇر؛ [4] ئۇ دەرۋەقە ئاجىزلىقتا كرېستلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن
خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يەنىلا ھايات. بىزمۇ ئۇنىڭدا ئاجىز بولساقمۇ،
خۇدانىڭ سىلەرگە قاراتقان قۇدرىتى بىلەن، ئۇنىڭغا باغلىنىپ ھايات
ياشايمىز. [5] ئەمدى ئۆزۈڭلارنى ئېتىقادتا بارمۇ-يوق دەپ تەكشۈرۈپ

---

تۇۋا قىلىپ باقمىغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن يەنە خىجىل بولۇپ قالىمەن، دەپ ئەنسىرەيدۇ.

1:13 **«ھەر بىر ئىش ئىككى-ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ ئاغزىدا ئىسپاتلىنىشى كېرەك»** — بۇ تەۋراتنىڭ سۆزى، شۇنداقلا تەۋراتتىكى ۋە ئىنجىلدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپتۇر. «چۆل.» 15:19، «مات.» 16:18، «1تىم.» 19:5نى كۆرۈڭ.

1:13 چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 5:19؛ مات. 16:18؛ يـۇھ. 17:8؛ ئىبر. 28:10.

3-2:13 **«ھازىرمۇ سىلەردىن نېرى بولسامۇ قايتىدىن ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتىمەنكى... مەن بارغىنىمدا ھېچكىمنى ئايىمايمەن»** — «ھېچكىمنى ئايىمايمەن»: پاۋلۇس «1كور.» 5-بابتا، ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان بىر كىشى ئۈستىدىن «ئەتلىرى ھالاك قىلىنسۇن، شۇنداق بولغاندا روھى رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە قۇتقۇزۇلار، دەپ شەيتانغا تاپشۇرۇلسۇن» دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان. پاۋلۇس مۇشۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى، گۇناھقا پاتقان كىشىلەر ئوخشاش ھۆكۈمگە ئۇچرىشى مۇمكىن، دېمەكچى.

4:13 **«بىزمۇ ئۇنىڭدا ئاجىز بولساقمۇ...»** — بۇ ئاجايىب ئىبارە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«...بىزمۇ ئۇنىڭدا ئاجىز بولساقمۇ، خۇدانىڭ سىلەرگە قاراتقان قۇدرىتى بىلەن، ئۇنىڭغا باغلىنىپ ھايات ياشايمىز»** — دېمەك، روسۇللار سىرتتىن قارىغاندا ئاجىز كۆرۈنسىمۇ (ۋە بەلكىم ئۆزلىرىنى ئاجىز ھېس قىلغان بولسىمۇ) ئۇ خۇدانىڭ كورىنتلىقلار ئارىسىدا ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇنىڭغا ئىشەنچى كامىل بولۇپ، «بىز شۇ قۇدرەت بىلەن خىزمىتىڭلاردا كۈچلۈك بولىمىز» دېگەندەك بولىدۇ.

كۆرۈڭلار؛ ئۆزۈڭلارنى سىناپ بېقىڭلار! سىلەر ئەيسا مەسىھنىڭ
ئۆزۈڭلاردا بولغانلىقىنى (سىناقتىن شاللىنىپ قالمىساڭلار!) بىلىپ
يەتمەمسىلەر؟ 6 ئەمدى سىلەرنىڭ بىزنىڭ سىناقتىن شاللىنىپ
قالمىغانلىقىمىزنى بىلىپ قېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.
7 سىلەرنىڭ ھېچقانداق رەزىللىك قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن خۇداغا
دۇئا قىلىمىز؛ بۇ، بىزنىڭ سىناقتىن ئۆتتى دەپ قارىلىشىمىز ئۈچۈن
ئەمەس ـ ھەتتا سىناقتىن ئۆتمىدى، دەپ قارالساقمۇ، مەيلى ـ مۇھىمى
سىلەرنىڭ دۇرۇس بولغاننى قىلىشىڭلار. 8 چۈنكى بىز ھەقىقەتكە
قارشى ھېچ ئىش قىلالمايمىز؛ نېمىلا قىلساق ئۇ بەرىبىر ھەقىقەتنى
ئايان قىلىدۇ، خالاس. 9 چۈنكى بىز ئاجىز بولساقمۇ، سىلەرنىڭ
كۈچلۈك بولغىنىڭلاردىن شادلىنىمىز. شۇنىڭدەك بىز يەنە شۇنىڭغا
دۇئا قىلىمىزكى، سىلەر كامالەتكە يەتكۈزۈلگەيسىلەر. 10 سىلەرنىڭ
يېنىڭلارغا بارغىنىمدا رەب ماڭا غۇلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى
ئېتىقادىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئامانەت قىلغان ھوقۇقىمنى ئىشلىتىپ
سىلەرگە قاتتىق قوللۇقنى كۆرسەتمەسلىكىم ئۈچۈن، مەن سىلەردىن
يىراقتا بولغىنىمدا مۇشۇلارنى يازدىم.

---

**5:13** 1كور. 28:11.

7:13 **«بۇ، بىزنىڭ سىناقتىن ئۆتتى دەپ قارىلىشىمىز ئۈچۈن ئەمەس ــ ھەتتا سىناقتىن ئۆتمىدى، دەپ قارالساقمۇ، مەيلى ــ مۇھىمى سىلەرنىڭ دۇرۇس بولغاننى قىلىشىڭلار»** ــ دېمەك، كورىنتلىقلار رەزىللىكتىن توۋا قىلغان بولسا، پاۋلۇس ۋە ھەمكارلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈنۈملۈك، مېۋىلىك ۋە شەرەپلىك كۆرۈنۈشى مۇمكىن ــ لېكىن پاۋلۇسقا نىسبەتەن، مۇھىمى كورىنتلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ روھىي ئەھۋالىدۇر. بۇ ناھايىتى ئۇلۇغ سۆز تورغۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

8:13 **«چۈنكى بىز ھەقىقەتكە قارشى ھېچ ئىش قىلالمايمىز؛ نېمىلا قىلساق ئۇ بەرىبىر ھەقىقەتنى ئايان قىلىدۇ، خالاس»** ــ بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بىز ھەقىقەتكە زىت ئىشلارنى قىلماستىن، ھەقىقەت بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك».

9:13 **«چۈنكى بىز ئاجىز بولساقمۇ، سىلەرنىڭ كۈچلۈك بولغىنىڭلاردىن شادلىنىمىز»** ــ «كۈچلۈك» ۋە «ئاجىز» روھىي تەرەپتە ئېيتىلغان، ئەلۋەتتە.

**10:13** 2كور. 8:10.

**[11] ئەڭ ئاخىردا، قېرىنداشلار، شادلىنىڭلار؛ كامالەتكە يەتكۈزۈلۈڭلار،
رىغبەت-تەسەللىدە كۆچەيتىلىڭلار؛ بىر ئوي، بىر پىكىردە بولۇڭلار؛
ئىناق-خاتىرجەملىكتە ئۆتۈڭلار؛ ۋە مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئىناق-
خاتىرجەملىكنىڭ ئىگىسى خۇدا سىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.
[12] بىر-بىرىڭلار بىلەن پاك سۆيۈشلەر بىلەن سالاملىشىڭلار. [13] بارلىق
مۇقەددەس بەندىلەردىن سىلەرگە سالام. [14] رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ
شاپائىتى، خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ
ھەمراھ-ھەمدەملىكى سىلەرگە يار بولغاي!**

11:13 **«رىغبەت-تەسەللىدە كۆچەيتىلىڭلار»** ــ مۇشۇ ئىبارە گرېك تىلىدا بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. **«مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئىناق-خاتىرجەملىكنىڭ ئىگىسى خۇدا»** ــ گرېك تىلىدا: «مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ھەم ئىناق-خاتىرجەملىكنىڭ خۇداسى» ــ دېمەك، ئۇ مېھىر-مۇھەببەت، خاتىرجەملىك بەرگۈچى ھەم ئۆزى ھەردائىم مېھىر-مۇھەببەتتە ۋە ئىناق-خاتىرجەملىكتە تۇرغۇچى خۇدادۇر.

**11:13** رىم. 16:12، 18؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 2:2؛ ئىبر. 14:12؛ 1پېت. 8:3

**12:13** رىم. 16:16؛ 1كور. 20:16؛ 1تېس. 26:5؛ 1پېت. 14:5.

# قوشۇمچە سۆز

11:2 «شۇنىڭ بىلەن شەيتان بىزدىن ھېچ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ؛ چۈنكى بىز ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن بىخەۋەر ئەمەسمىز»

بۇ سۆزلەر پاۋلۇسنىڭ: — «لېكىن سىلەر قايسىبىرىنى مەلۇم ئىش ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلغان بولساڭلار، مەنمۇ ھەم ئۇنى شۇنداق قىلغان بولىمەن؛ مەنمۇ مەلۇم بىر ئىشنى كەچۈرۈم قىلغىنىمدا (بىرەر ئىشنى كەچۈرۈم قىلغان بولسام)، مەن سىلەرنى دەپ مەسىھنىڭ ھۇزۇرىدا شۇنداق قىلدىم» دېگەن بايانىدىن كېيىن كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنداق قىلىشى ياكى شۇنداق پرىنسىپلار بىزنى قانداقمۇ «شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى»دىن قۇتقۇزىدۇ؟ شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى دەرۋەقە كۆپ، ۋە پەقەت خۇدانىڭ تەۋرات-ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن يوليورۇقلىرى ھەم پەند-ھېكمەتلىرىنى قوبۇل قىلغۇچىلار، شۇنداقلا شاپائىتى بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلغۇچىلارلا شۇلاردىن خالاس بولالايدۇ. پاۋلۇسنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى خۇدانىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ پەقەت بىرىنىلا كۆرسىتىدۇ، بىراق ئۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر مىسال.

مەسىلەن، كورىنتتىكى جامائەتتىكىلەردىن بىرى ئوچۇق-ئاشكارە ۋە ئۇيۇلۇكسىز ھالدا گۇناھ سادىر قىلىشقا باشلىغان. پاۋلۇس يەنە بۇ كىشىنى ئەيىبلەيدۇ، جامائەت پاۋلۇسنىڭ نەسىھەتىگە قوشۇلۇپ بۇ كىشىنى جامائەتنىڭ سورۇنلىرىدىن ۋە ھەمراھلىقىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. كېيىن مۇشۇ كىشى تووۋا قىلىدۇ ۋە جامائەت ئۇنىڭ تووۋا قىلغانلىقىنى ھەقىقىي دەپ قوبۇل قىلىدۇ، شۇڭا تېگىشلىك ھالدا ئۇنى خۇشاللىق بىلەن ئارىسىغا قايتا ئالىدۇ، دەيلۇق. شۇنداق ئەھۋالدا پاۋلۇس ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىدە ھەرگىز: «سىلەر نېمىشقا مۇشۇ كىشى ھەقىقىي تووۋا قىلدىمۇ-يوق دەپ مېنىڭدىن ھېچ مەسلىھەت سورىمايلا ئۇنى ئىبادەت سورۇنلىرىڭلارغا قايتىدىن قوبۇل قىلدىڭلار؟» دەپ سورىمايتتى. شۇنداق پوزىتسىيە خۇدانىڭ ئادەملىرىدە بولسا گۇمانخورلۇقنى كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ ئىمان-ئېتىقادىنى نابۇت قىلىشى مۇمكىن. پاۋلۇس ئەكسىچە: «مەن سىلەر چىقارغان ھۆكۈملىرىڭلارنى ئىشەنچلىك دەپ قارايمەن، ، ھۆرمەتلەيمەن — سىلەر گۇناھقا

پېتىپ قالغانلىقىدىن توۋا قىلغان مەلۇم كىشىنى كەچۈرۈم قىلغان (يەنى، ئۇنى جامائەتكە قايتىدىن قوبۇل قىلغان) بولساڭلار، مەنمۇ مۇشۇ كىشىنى قوبۇل قىلىمەن» دەيتتى.

ئاندىن پاۋلۇس بۇ پرىنسىپنى ھەممىگە ئورتاق قىلىپ: «مەن بىرسىنى ئەپۇ قىلغان (ئۇنى ئالاقە-ھەمراھلىقىغا قايتىدىن قوبۇل قىلغان) بولسام، مەن سىلەرنى دەپ شۇنداق قىلىمەن» دەپ تەتبىقلايدۇ. بىز بۇنى شۇنداق چۈشىنىمىزكى، مەلۇم بىر ئادەم (كورىنتتىكى بىر ئادەم، دېيلى) پاۋلۇسقا نىسبەتەن گۇناھ قىلغان بولسا، ئۇ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلغىنىدا مۇشۇ گۇناھنىڭ پەقەت ئۆزىگە تەگكەن تەرەپلىرىگىلا ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىنىڭ ئىللەتلىرىنىڭ كورىنتتىكى جامائەتكە تەسىر يەتكۈزگەن تەرەپلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەگەر مۇشۇنداق كىشىنىڭ پەقەت ئۆزىگە تەگكەن تەرەپلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى جامائەتكە (شۇنداقلا ھەرقانداق كىشىگە) تەگكەن تەرەپلىرىدىمۇ ئىللەتلىرىدىن توۋا قىلغانلىقىغا پاۋلۇسنىڭ كۆزى يەتكەن بولسا ئۇ ئۇنى قېرىنداش سۈپىتىدە قايتىدىن قوبۇل قىلاتتى. چۈنكى شۇنداق قىلىش ھەممەيلەنگىمۇ پايدىلىق ۋە ياخشى. ئۇ شۇڭا جامائەتتىن ئۆزىنىڭكى ئەپۇ-كەچۈرۈم ئىشلىرىدا بولغان ھۆكۈم-پەملىرىگىمۇ ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز يەنە شۇنى ئېيتالايمىزكى، پەقەت قەلبىدە ھەقىقەتەن خۇدانىڭ خەلقىنىڭ غېمىنى ئۆزلۈكسىز، ھەردائىم يەپ تۇرىدىغان بىر ئادەم شۇنداق ئېنىق ۋە روشەن ھۆكۈملەرنى چىقىرالايدۇ (11:28نى كۆرۈڭ). شۇڭا ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت بولسا، بۆلگۈنچىلىك تېرىغۇدەك يوچۇقلارنى تېپىش شەيتانغا تەس چۈشىدۇ.

## 12-11:4 «چۈنكى ئەيسانىڭ ھاياتى ئۆلىدىغان ئەتلىرىمىزدە ئايان قىلىنسۇن ئۈچۈن، تىرىك قالغان بىزلەر ھەردائىم ئۆلۈمگە تاپشۇرۇلماقتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىزدە ئۆلۈم ئىشلەۋاتىدۇ، ئەمما ھايات سىلەردە ئىشلەۋاتىدۇ»

بىزنىڭ خۇلاسىمىزچە پاۋلۇس مۇشۇ ئايەتلەردە «ئۆلۈم» توغرۇلۇق سۆزلىگىنىدە، پەقەت خۇش خەۋەرنى جاكارلايدىغان ئۆزىنى سەپەرلەردە پات-پات ئۇچرىغان ئۆلۈمنىڭ خەۋپىنىلا ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا باغلىق روھىي «ئۆلۈم پرىنسىپى»نى كۆزدە تۇتىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە پاۋلۇسنىڭ كۆپ خەتلىرىدە «ئۆلۈم»نى مۇشۇنداق روھىي مەنىسىدە ئىشلەتكەنلىكى ئايان بولسا كېرەك.

بىز مۇشۇ پرىنسىپنى رەب ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسۋىرلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ: —

(ئىنجىل، «مات.» 16:24-25)

«— كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى خالىسا، ئۆزىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن! چۈنكى ئۆز هاياتىنى قۇتقۇزماقچى بولغان كىشى چوقۇم هاياتىدىن مەهرۇم بولىدۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ئۆز هاياتىدىن مەهرۇم بولغان كىشى ئۆز هاياتىغا ئېرىشىدۇ».

بۇ بايان يەنە ئىنجىل «لۇقا» 9:23-24دە بىز ئۈچۈن خاتىرىلەنگەن: «كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى نىيەت قىلسا، ئۆزىدىن كېچىپ، هەر كۈنى ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن! چۈنكى كىمدەكىم ئۆز هاياتىنى قۇتقۇزىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۇنىڭدىن مەهرۇم بولىدۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ئۆز هاياتىدىن مەهرۇم بولغان كىشى هاياتىنى قۇتقۇزىدۇ».

لۇقا مۇشۇ يەردە بىز ئۈچۈن مەسىھنىڭ «هەر كۈنى» دېگەن سۆزىنىمۇ خاتىرىلەيدۇ. بۇ سۆز بىزگە شۇنى روشەن قىلىدۇكى، «ئۆز كرېستىنى كۆتۈرۈش» پەقەت ئادەمنىڭ كرىزىسقا ئۇچرىغاندا هاياتىنىڭ يۆنىلىشىنى بۇراپ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەن قارارىلا ئەمەس، بەلكى هەركۈنى قايتىدىن يېڭىلىنىشى كېرەك بولغان بىرخىل بەل باغلىشىدۇر.

ئەمدى «ئۆز كرېستىنى كۆتۈرۈش» دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، «كرېستكە مىخلاش»، «كرېستلەش» رىم ئىمپېرىيەسىدىكى ئەڭ رەهىمسىز ۋە ئازابلىق ئۆلۈم جازاسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەڭ شەرمەندە جازا ئىدى. ئۆلۈمگە مەهكۇم كىشى ئاۋۋال پۈتۈنلەي يالىڭاچلىنىپ، ئۇرۇلىدۇ، قامچىلىنىپ مازاق قىلىنىدۇ؛ ئاندىن ئادەتتە ئۆزى مىخلىنىدىغان كرېستنى ئۆلۈم جازاسى مەيدانىغا مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئاپىرىشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ؛ ئاخىردا ئۇ ئاشۇ كۆتۈرۈپ ئاپارغان كرېستكە (پۇتى ۋە قولى) مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئادەتتە ئۆلتۈرۈلگۈچى كرېستكە ئىككى-ئۈچ كۈن ئېسىلىپ ئازابلىنىدۇ؛ هەر قېتىم تىنىق ئالاي دېگىنىدە ئۇ مىخلانغان پۇتىنى مىڭ تەسلىكتە تىرەپ تېنىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈشى كېرەك بولىدۇ. ئاخىر بىرىپ ئۇ ئۇسسۇزلۇقتىن (سۇ بېرىلمىگەن بولسا) ياكى تىنىق ئېلىشقا (ئۆزىنى يۇقىرىغا تىرەشكە) ماغدۇرى قالماي ئۆلىدۇ. رەب ئەيسا كرېستلەنگەندە پەقەت ئالتە سائەت ئىچىدە ئۆز روهىنى خۇدائاتىسىغا تاپشۇرۇشى

بىلەن ئۆلدى؛ بۇنداق ئۆلۈم مۆجىزە ئىدى، چۈنكى ئۇ: «ھېچكىم ھاياتىمنى مەندىن ئالمايدۇ» دېگەنىدى («يۇھ.» 18:10، يەنە «مار.» 15:44نى كۆرۈڭ).

ئەمدى «ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈش» دېگەندىن، «ئۆلۈم جازاسىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولۇش» دېگەن مەنە چىقىدۇ. مۇشۇنداق سۆزلەر ئەينى ۋاقىتتا ئادەملەرنى چۆچۈتكەنىدى ھەم ھازىرمۇ ئادەملەرنى چۆچۈتىۋېتىش زۆرۈر. ئەمما مۇشۇنداق «ئۆلۈم» بولسا باشقىلارنى «خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىنى» دەپ ئۆز ئۆلۈمى بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولغان «شېھىت»نىڭ ئۆلۈمى ئەمەس؛ ئۇنداق كىشىلەر ئادىششىپ بومبا-مىلتىقلار بىلەن «خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئاللانى خۇرسەن قىلىمەن» دەپ ئويلايدۇ. ئېنىجىلدىن بىلىمىزكى، «خۇدا مېھىر-مۇھەببەتتۇر»، ھەم ئۇ ھەتتا دۈشمەنلەرگىمۇ مۇھەببەتنى ۋە كەچۈرۈم كۆرسىتىشنى ئەمر قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ بارلىق ئىنسانلارنى سۆيىدۇ، دەپ بىلىمىز. خۇدا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن كېيىن مۆمىن بەندىلىرىدىن ھېچقاچان باشقا ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ئەمەس.

ياق، «ئۆز كرېستىنى كۆتۈرۈش» «شېھىت»نىڭ ئۆلۈمى ئەمەس؛ ھەم نادانلارچە كرېستسىمان ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان مەلۇم بىر بۇيۇمنى بوينىغا تاقاش ئەمەس. كۆپ ئادەملەر مۇشۇنداق نەرسىنى «تىلتۇمار» سۈپىتىدە تاقايدۇ. ئۇنداق قىلىش تەۋراتنىڭ روشەن ئەمرلىرىگە خىلاپ. بىراق ھەتتا ئۇنداق نەرسە «تىلتۇمار» دەپ تاقالغان بولمىسىمۇ، باشقا كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ «مۇشۇ مەسىھكە ئىشەنگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاپەتتىن قوغدىلىشى ئۈچۈن تىلتۇمارلارغا ئېھتىياجلىق» دەپ ئويلايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ بىزگە كېرىكى يوق؛ بىز ھەرھالدا تاقىماسلىقىمىز لازىم.

خۇدا بىزدىن ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئۆلۈمگە يۈزلىنىشنى بۈگۈن تەلەپ قىلسا، شۇنىڭغا تەييارمۇبىز؟ شۇنداقلا ئادەتتىكى ئۆلۈمگە ئەمەس، بەلكى مەسىھ ئۈچۈن دەھشەتلىك، شەرمەندىلىك بىر ئۆلۈمگە يۈزلىنىشكە تەييارمۇبىز؟ ئېتىقادچىلار ئۈچۈن «ئۆلۈمگە بېرىش» ئۇنداق كۈن (ئەگەر كەلسە) ئۆمرىدە بىر قېتىملا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما ھەربىر كۈندە بىرنەچچە يول كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدۇ، بىز ئۇلاردىن تاللىشالمىز؛ يول تاللىشالغىنىمىزدا مەسىھ خوجايىن بولامدۇ؟ ھاياتىمىزدا ئۆزىمىز پادىشاھمۇ، ياكى خۇدا پادىشاھمۇ؟ بىز ھەركۈنى ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ تىرىك خۇداغا: «ئاتا، مۇشۇ كۈننى ساڭا تاپشۇرىمەن! سەن خالىغىنىڭنى ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەيسەن!» دەيمىزمۇ؟ شۇنداق قىلىدىغان ھەربىر كىشى مول تەجرىبىلىك بىر ھاياتقا كىرىدۇ؛ چۈنكى خۇدا بىزگە

مۇھەببەت، مەسئۇلىيەت ۋە ھەققانىيەت توغرۇلۇق ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. باشقىلارغا مۇھەببەتنى كۆرسىتىش، كۆپ ئەھۋاللاردا ئۆز خاھىشلىرىمىزغا «ياق» دېيىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز «باشقىلاردىن ئۈمىد قىلغان مۇئامىلىنى ئۇلارغىمۇ كۆرسىتىش» ئۈچۈن («مات.»12:7) ئۆزىمىزنىڭ خاھىشلىرىمىزدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىمىزگە پات-پات «ياق» دېيىشىمىز كېرەك بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز ھەركۈنى «ئاخىرقى قۇربانلىق»نى قىلىشقا تەييار بولساق، ئەمدى خۇشاللىق بىلەن ئۆز خاھىشلىرىمىزغا «ياق» دېگەن بىرنەچچە كىچىككىنە قارارلارغا كېلىشكىمۇ تەييارمىز. ئۆز خاھىشلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشلەرنى بىرخىل «ئۆز شەخسىمىزنىڭ ئۆلۈمى» دېگىلى بولىدۇ، پاۋلۇس مۇشۇ ئايەتلەردە «ئۆلۈم»نى شۇ مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ.

ئەمدى كىشىلەر پەقەت ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇپلا بولدى قىلسا نېمە بوپتۇ؟ كىشىلەر نېمە دەپ شۇنداق ئېغىر يولنى تاللىۋالسۇن؟

بىرىنچى سەۋەب، خۇدا دېگەن خۇدادۇر — ئۇ بىزنى ۋە ھەممىنى ياراتقان، شۇنىڭ تۈپەيلىدىن ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش كېرەك. ئۇ بىزنى ئۆزى بىلەن يېقىن ئالاقىدە ۋە ھەمراھلىقتا بولۇش ئۈچۈن ياراتتى؛ بىزدە مەسىھنىڭ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان: «مەن ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىن مەھرۇم بولغان كىشى ئۆز ھاياتىغا ئېرىشىدۇ» دېگەن قىممەتلىك ۋەدىسى بار. شۇڭا بۇ يولدا ياشاشنىڭ نەتىجىسى خۇشاللىق ۋە بەختكە تولغان بىر ھاياتتۇر. مەسىھنىڭ كرېستلىنىشى مىليونلىغانلارغا بەخت ۋە ھايات يەتكۈزگەندەك، ئۆز مۆمىن بەندىلىرىنىڭ ھەركۈندىكى كىچىك «ئۆلۈشلىرى»، يەنى ئۆز خاھىش-نەپسلىرىگە «ياق»، خۇدانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە «ماقۇل» دېيىشلىرىمۇ زەررىچىلىك دائىرىدە باشقىلارغا بەخت يەتكۈزىدۇ. مۇنداق پرىنسىپ ياكى «روھىي قانۇنىيەت»نىڭ بىز سۆيگەن، غېمىنى يەيدىغان، دۇئالىرىمىزنىڭ ئوبيېكتى بولغان كىشىلەرگە ئالاھىدە تەسىرى بار؛ پاۋلۇس: «شۇنىڭ بىلەن بىزدە ئۆلۈم ئىشلەۋاتىدۇ، ئەمما ھايات سىلەردە ئىشلەۋاتىدۇ» دېگەن مۇشۇ ئاجايىب پرىنسىپ پەقەت بىزنىڭ باشقىلارغا ئوچۇق بىر ئىشتا مۇھەببەت كۆرسەتكىنىمىزدىلا ئەمەس، كۆپ باشقا ۋاقىتلاردا ئىناۋەتلىك بولىدۇ. بىز سۆيگەن كىشىلەرنىڭ يېنىدا تۇرساقمۇ، نېرىدا تۇرساقمۇ، ھەرقېتىم خۇداغا بويسۇنغىنىمىزدا، ھەر قېتىم مۇقەددەس روھقا ئەگەشكىنىمىزدە، ھەرقېتىم باشقىلارنى بەرىكەتلىك بولسۇن دەپ ئۆز خاھىشلىرىمىزغا «ياق» دېگىنىمىزدە، ئەمدى شۇ چاغلاردا مۇقەددەس روھ ئارقىلىق بىزگە روھىي

جەھەتتە باغلانغان كىشىلەرگە ئالاھىدە بىر بەرىكەت بىۋاستە ئېقىپ بارىدۇ. مۇشۇنداق بەرىكەت خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ ھاياتىنى جانلاندۇرىدۇ، روھىغا ماغدۇر يەتكۈزىدۇ (گرېك تىلىدا «ئىپىرگىيەلەيدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ)، ھەتتا بىز سۆيگەن ئەمما خۇدا تونۇمايدىغان ئادەملىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇقەددەس روھنىڭ خىزمەتلىرىنى تېزلىتىدۇ؛ بەرىكەت مەلۇم دەرىجىدە ھەتتا ئالەمشۇمۇل جامائەتكە ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ پرىنسىپ خۇداغا ئىتائەت قىلىشقا قانچىلىك زور تۈرتكە-ھە!

## 14:5 «چۈنكى بىز بىرسى ھەممەيلەن ئۈچۈن ئۆلدى، شۇڭا ھەممەيلەننىمۇ ئۆلدى، دەپ ھېسابلايمىز»

15-ئايەتتە بىز «ھايات بولغانلار» توغرۇلۇق ئوقۇيمىز. شۇڭا ئاددىي مەنتىقە بىلەن ئېيتىش كېرەككى، يەر يۈزىدىكى بەزى كىشىلەر ئەمەلىيەتتە «ھايات بولغانلار»دىن ئەمەس — ئۆلۈك ياكى ئۆلگەن. پاۋلۇس بۇ باياننى مەسىھنىڭ مۆھەببىتىنىڭ بىزنى خۇش خەۋەرنى تارقىتىشقا تۈرتكە بولغانلىقى بىلەن باغلىغاچقا، «ھەممەيلەن ئۆلدى» دېگەن سۆزلەرنى ئادەمئاتىنىڭ بارلىق پەرزەنتلىرىنىڭ، جىسمانىي جەھەتتە تېنى تىرىك بولغىنى بىلەن بارلىق مۇھىم جەھەتلەردە، يەنى روھقا ئائىت جەھەتلەردە ھەقىقىي «ئۆلگەن» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. شۇڭا ئۆلۈلارنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاشقا ئىنتايىن موھتاج. «مەسىھ ھەممەيلەن ئۈچۈن ئۆلدى» — يەنى، ئۆز روھىمىزدا خۇدانى ھېچ تونۇمىغاچقا «روھىي ئۆلۈك» بولغان ھەممىمىزنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ ئۆلدى.

«ھەممەيلەن ئۆلدى» دېگەن مۇشۇ بايان روسۇلنىڭ «ئەفەسۇسلۇقلارغا» 1:2دە: «سىلەر بولساڭلار، قەبىھلىكلىرىڭلار ھەم گۇناھلىرىڭلاردا ئۆلگەن بولۇپ...» دەپ ئېيتقان سۆزگە ئوخشاش. بىزنىڭ «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى بۇ ئايەت ئۈستىدىكى ئىزاھات ھەم قوشۇمچە سۆزىمىزنى كۆرۈڭ. باياننى شۇ مەنىدە چۈشەنسەك، تۆۋەندە شەرھلەيدىغان 16-ئايەت بىلەن روشەن مۇناسىۋەتنى بارلىقىنى كۆرىمىز.

## 16:5 «شۇنىڭ بىلەن بىز بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنى ئىنسانلارچە تونۇمايمىز؛ ھەتتا بىز مەسىھنى ئىنسانلارچە تونۇغان بولساق، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يەنە شۇنداق تونۇمايمىز»

بۇ سۆزلەرنىڭ تولۇق مەنىسى ھەم ئەھمىيىتى قىسقا سەھىپىلىرىمىزدىن كۆپ ھالقىپ بارىدۇ؛ بىز پەقەت تۆۋەندە ئاددىي بايقىغىنىمىزنى كۆرسىتىمىز: —

(ئا) «بىز بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنى ئىنسانلارچە (ياكى ئادەمنىڭ باللىرىنىڭ كۆزقارىشى بىلەن) تونۇمايمىز». «ئادەمنى ئىنسانلارچە تونۇش» — بىز خۇدانى تونۇپ يېتىشتىن بۇرۇن ئادەملەرنى باھالاپ كەلگەن يولدا باھالاشنى كۆرسىتىدۇ، خالاس. دېمەك — خۇدانى تونۇغۇچە بىز ئۇچراتقان كىشىنىڭ مەكتەپ كۆرگەن كۆرمىگەنلىكىگە، ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىزلىقىغا، تالانتلىق ياكى تەدبىرسىزلىكىگە، كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا، ئۆز مىللىتىمىزدىن ياكى يات ئەلدىن بولغانلىقىغا؛ باي ياكى كەمبەغەللىكىگە، يۇقىرى تەبىقىلىك ياكى «تېگى پەس»لىكىگە، چىرايلىق ياكى سەتلىكىگە، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان-قازانمىغانلىقىغا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا ۋەھاكازالارغا قاراپ باھا قويۇپ كەلدۇق. لېكىن خۇدانى تونۇغانلار ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ مۇھىملىقى يوق بولۇپ قالدى؛ چۈنكى بىز ئۆزگىلەرنى خۇدانىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق كۆرگەندەك، ئۇلارغا مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن قارايمىز. ئارقا كۆرۈنۈشى ياكى «تېگى» قانداقلا بولمىسۇن، قابىلىيىتى قانداقلا بولمىسۇن، مال-مۈلۈكلىرى قانچىلىك بولمىسۇن، ھەربىر كىشى خۇدا تەرىپىدىن يەككە-يېگانە يارىتىلغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئوخشاش قىممەتتە تۇرىدۇ؛ دېمەك، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قىممەتلىكتۇر. بىزنىڭ ھەممەيلەنگە بولغان پوزىتسىيەمىز ۋە ھەممەيلەنگە قىلغان مۇئامىلىمىز ئوخشاشلا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىش بولۇپ ئۆزگىرىدۇ؛ بىزنىڭ ھەممەيلەنگە قاراپ بىرىنچى ئويىمىز (گۇناھكار ئۆتمۈشلىرىمىزدىكىدەك) مەن «مۇشۇ كىشىدىن قانداق پايدىلىنالايمەن؟» ياكى «ئۇنىڭدىن نېمە نەپ كۆرىمەن؟» دېگەنلەر ئەمەس؛ بەلكى (15-ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك، پاۋلۇستەك ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن تەسىرلەنگەن بولساق) ئۇلارغا قاراپ ئىچ-باغرىمىزدا رەببىمىزگە: «بۇ كىشى تېخى سېنى تونۇمايدۇ، ئۇلار روھىي ئۆلۈك، ھاياتلىقنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىشى كېرەك بولغانلار؛ مەن ئۇنىڭغا شۇ خەۋەرنى ئاڭلاشقا ۋە چۈشىنىشكە قانداق ياردەم قىلاي؟» دەپ سورايمىز.

(ئە) «ھەتتا بىز مەسىھنى ئىنسانلارچە تونۇغان بولساق، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يەنە شۇنداق تونۇمايمىز»

خەت يېزىلغان ۋاقىتتا، كورىنتتىكى جامائەتتە ۋە رىم ئىمپېرىيەسى بويىچە ئەيسا مەسىھ بىلەن جىسمانىي ئالاقىدە ياكى مۇناسىۋەتتە بولغان نۇرغۇن تارقاق كىشىلەر بىلىش

كېرەك ئىدى؛ بەزىلىرى ئۇنىڭ بەرگەن تەلىملىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان، بەزىلىرى كېيىنكىلەرنى ساقايتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. بەزىلىرى ئۇنىڭغا مۇخلىس بولۇپ ئەگەشكەنىدى. يەنە، شۈبھىسىزكى، ئۇنداق كىشىلەر ئىچىدە بەزىلىرى مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇناسىۋىتىم بار دەپ ئويلاپ، شۇنداقلا ئۇنى جىسمانىي كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ باقمىغانلاردىن بەربىر ئۈستۈن تۇرىمەن دېگەنلەر ئاز بولمايتتى. مەسىھ ئەيسا يەر يۈزىدە تۇرغىنىدا ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر باشلىغانلار تېخىمۇ شۇنداق ئويلاپ كېتەتتى. ئەمما خۇدانىڭ روھى كەلگەندە ئۇنداق بارلىق پەرق-ئايرىملار يوقاپ كېتىدۇ. دەرۋەقە، رەب ئەيسانىڭ ئۆز مۇخلىسلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئۇنى تونۇماسلىقى تۈپەيلىدىن ئەيىبلىشى كېرەك ئىدى. «يۇھ.» 8:14-20دە خاتىرىلەنگەن پاراڭغا قاراڭ: —

«ئى رەب، ئاتىنى بىزگە كۆرسىتىپ قويساڭلا، شۇ كۇپايە، — دېدى فىلىپ.

ئەيسا ئۇنىڭغا: - فىلىپ، سىلەر بىلەن بىرگە بولغىنىمغا شۇنچە ۋاقىت بولدى، مېنى تېخىچە تونۇمىدىڭمۇ؟ مېنى كۆرگەن كىشى ئاتىنى كۆرگەن بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن نېمىشقا يەنە: «بىزگە ئاتىنى كۆرسەتكەيسەن» دەيسەن؟... ...مەنمۇ خۇدا ئاتىدىن تىلەيمەن ۋە ئۇ سىلەرگە باشقا بىر ياردەمچى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ سىلەر بىلەن ئەبەدگىچە بىرگە بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتنىڭ روھىدۇر...

...ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن، بۇ دۇنيا مېنى كۆرمەيدۇ، لېكىن سىلەر كۆرىسىلەر. مەن ھايات بولغانلىقىم ئۈچۈن، سىلەرمۇ ھايات بولىسىلەر. شۇ كۈندە مېنىڭ ئاتامدا بولغانلىقىم، سىلەرنىڭ مەندە بولغانلىقىڭلار ۋە مەنمۇ ھەم سىلەردە بولغانلىقىمنى بىلىسىلەر...»

مۇقەددەس روھنىڭ ئۆز روھىمىزدا بەرگەن گۇۋاھلىقى بىلەن بىز «ئىشەنچ»نىڭ دائىرىسىدىن «بىلىش» دائىرىسىگە ئۆتىمىز. بىزنىڭ مەسىھنىڭ توغرۇلۇق (ئۇنىڭ خەۋىرىنى، دېمەك) بىلىشىمىز كېرەك بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلىشىمىز كېرەكتۇر. بۇنداق ئىش (تونۇش، بىلىش) مەسىھ بىلەن ھەرقانداق جىسمانىي مۇناسىۋەت، ھەتتا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇخلىسى بولۇش بىلەن ھەرگىز بولالمايدۇ، پەقەت مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق «قايتىدىن تۇغۇلۇش» دېگەن مۆجىزە بىلەن بولالايدۇ. خۇداغا مىڭ

تەشەككۇر، مۇشۇنداق ئىمتىياز پەقەت رەب ئەيسا يەر يۈزىدە تۇرغىنىدا جىسمانىي جەھەتتىن ئۇنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن، شۇنداقلا ئۇنى «ئىنسانلارچە تونۇغان»لارغىلا مۇمكىن قىلىنغان ئەمەس (دېمىسەكمۇ بۇلار ئۆزى زور بىر ئىمتىياز بولاتتى، ئەلۋەتتە)، بەلكى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن مۇمكىن قىلىنغاندۇر! ھەممىمىز (كۆزى بىلەن كۆرگەنمۇ، كۆرمىگەنمۇ) ئۇنى روھتا (خۇدانىڭ روھىدا) ھەرقانداق جىسمانىي مۇناسىۋەتتىن چەكسىز چوڭقۇر دەرىجىدە تونۇپ يېتەلەيمىز!

## 9:6 «بىز تەربىيىدە جازالاندۇق-يۇ، ئەمما ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنمىدۇق»

پاۋلۇس بۇ قىسقا بايان بىلەن نېمىنى كۆرسەتمەكچى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە باشقا روسۇللارنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە، ئەمما بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەر ھەممە ئېتىقادچىلار ئۈچۈن نەمۇنە بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئېيتقان ھەقىقەتلەر مەسىھنىڭ يولىدا ئازاب تارتقانلارنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈنىدۇ.

گرېك تىلىدا «تەربىيىدە جازالاندۇق» دېگەن سۆز قانۇننىڭ جازاسىنى ئەمەس، بەلكى ئاتىنىڭ ئۆز بالىسىغا بەرگەن تەربىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىرسى خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق خۇدانىڭ يېڭى ھاياتىنى قوبۇل قىلىپ، خۇدانىڭ ئائىلىسىدىكى ئەزا بولغاندىن كېيىن، خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان پاك-مۇقەددەس تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈشكە تولىمۇ تەشنا بولىدۇ؛ دەرۋەقە گۇناھقا قۇل قىلغان كونا ئاسارەتلەر ئۇنىڭدا سۇندۇرۇلىدۇ. ئەمما دائىم دېگۈدەك بارلىق كونا ئىللەت-ئادەتلەر پۈتۈنلەي يوقالمىغان بولىدۇ، كونا پوزىتسىيەلەر پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلمىگەن بولىدۇ؛ ئۇنداق ئەھۋالدا ئاجايىب ئىش شۇكى، خۇدانىڭ تەربىيىسى بېشىمىزغا چۈشىدۇ («پەند.» 11:3، «ئىبر.» 12:1-13نى كۆرۈڭ). قايتىلايمىز، بۇ «قانۇن جازاسى» ئەمەس (بىرلا گۇناھنىڭ تېگىشلىك جازاسى بولسا دەرھال دوزاختا چۈشۈرۈلۈشتىن ئىبارەتتۇر)، بەلكى ئادەمنى تۈزۈتىدىغان تەربىيىدۇر. بۇ تەربىيە ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. بەلكىم ئەڭ ئازابلىقى پەقەت ۋىجدانىدا ئەسلەپ تۇرغان مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ئازابى بولسا كېرەك؟ بەزى ۋاقىتلاردا گۇناھ سادىر قىلغاندىن كېيىن، گەرچە ئادەم ئۆزىنى كەچۈرۈم قىلىنغان دەپ بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خۇدانىڭ روھىنى ئازابلاندۇرغانلىقىغا باغلانغان چوڭقۇر سىزىم ۋىجدانىدا قالىدۇ («ئەف.» 30:4). بەزى ۋاقىتلاردا تەربىيە كېسەللىك، ھەتتا ئۆلۈم بولىدۇ («1كور.» 11:29-30 ۋە 1:5-5نى

كۆرۈڭ. ئەمما بۇنداق دېيىشىمىز، بارلىق كىيسەللىكنى خۇدانىڭ تەربىيىسى، دېگىنىمىز ئەمەس). خۇدانىڭ تەربىيىسى ئۆلۈم بولسا، بۇ ئۇنىڭ رەھىمدىللىقىدا گۇناھكار ئادەمنىڭ تېخىمۇ كۆپ گۇناھلارنى سادىر قىلىشىدىن توختىتىلىشى ھەمدە جامائەتنىڭ كۆپرەك داغلاردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن بولىدۇ؛ ئۇنىڭ دانالىقىدا ئۇ ھەممەيلەنگە نىسبەتەن ئۇ ئادەمنى دۇنيادىن ئايرىۋېتىش ئەڭ ياخشى تەدبىر دەپ قارار قىلغان. «1كور.» 5-باب توغرىسىدىكى ئىزاھاتلىرىمىز ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى، يەنە «2يۇھ.» 16:5نى كۆرۈڭ.

ئەگەر بىرسى «ئۆمرىدە بىرلا قېتىم كەلگەن» گۇۋاھلىق بېرىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرگەن بولسا، ياكى دەھشەتلىك گۇناھ سادىر قىلغان، شۇنداقلا جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقىغا زور داغ چۈشۈرگەن بولسا تەربىيىلىك جازا قانداق بولىدۇ؟ ئىشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈدەك ئىمكانىيەت بولمىسا نېمە قىلغۇلۇق؟ 9:6دىكى ئايەتكە قارىغاندا، پاۋلۇسنىڭ ئۆزى شۇنداق قورقۇنچلۇق روھىي چەككە يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن — چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئېغىر تەربىيىسىنى كۆرگەن («ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىمىدۇق»، دەيدۇ). ھەممىمىز خۇدانىڭ تەربىيىسىنى تېتىشىمىز كېرەك — بولمىسا بىز «ھارامدىن بولغان»، خۇدانىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرى ئەمەس بولۇپ قالىمىز. ئەمما پاۋلۇس شۇ مۇھىم تۇپ ساۋاقنى ئۆگەندى — گەرچە مەن ئېغىر تەربىيە ئاستىدا بولساممۇ، تېخى تىرىك تۇرساممۇ، ئەمدى خۇدانىڭ مېنى تېخى ھايات قالدۇرۇشىدا ئۆز مەقسىتى بار؛ ئەھمىيەتلىك ھەم تېگىشلىك خىزمەت بەربىر مېنى كۈتمەكتە، دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن خۇدانىڭ ئۇنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىگە باشقا ھېچ دەلىل-ئىسپات كېرەك ئەمەس ئىدى — پەقەت ئۇنىڭدا ھايات بولسىلا، بۇ پاكىت ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلەنمەي خۇدانىڭ يولىدا كېلەر قەدەمنى ئۈمىد بىلەن ئىزدىشى ئۈچۈن كۇپايە ۋە تۈرتكە ئىدى. «بىز تەربىيىدە جازالاندۇق-يۇ، ئەمما ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىمىدۇق» — شۇڭا ئالغا باسىمىز!

## ئىئانە توپلاش، جامائەتنىڭ پۇلىنى باشقۇرۇش - بەزى پرىنسىپلار (8-9-باب)

پاۋلۇسنىڭ بۇ خېتىدە يېرۇسالېمدىكى كەمبەغەللەر ئۈچۈن چوڭ ئىئانە توپلاش توغرۇلۇق شۇنچە كۆپ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى يېزىلىق

بولغاچقا، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىدىن، پىلانلىرىدىن ۋە ئىشنىڭ يوللىرىدىن پايدىلىنىپ بەزى پرىنسىپلارنى قايتا كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

(ئا) بىز باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، پاۋلۇس بىر قېتىممۇ ئۆزى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم سوراپ باقمىغان. بەزى جامائەتلەر ئۇنىڭغا پات-پات شۇنداق ياردەم قولىنى ئۇزاتقىنى بىلەن، قايتلايمىزكى، ئۇ ھېچقاچان مۇشۇنداق تەلەپ قىلمىغان. لېكىن ئۇ پات-پات ھاجىتى چۈشكەن باشقىلار ئۈچۈن شۇنداق سورىغان. ئەگەر بۇگۈنكى كۈنلەردە خۇدانىڭ خىزمىتىدە (بولۇپمۇ جامائەتلەرنى قۇرغاندا) كۆچلۈكلۈكى ۋە پىداكارلىقلىقى بىلەن «روسۇل» دەپ ئاتاشقا بولىدىغانلىرى بار بولسا (بىز ئۇنداق ئادەملەرنى ئىنتايىن ئاز ئۇچراتتۇق)، ئۇلارنى پۇل تەرەپتىمۇ ئوخشاش ئۇلگە كۆرسىتىشى كېرەك، دەيمىز.

(ئە) خۇدانىڭ يولىدا بېغىشلانغان پۇلنى، بولۇپمۇ جامائەت توپلىغان ياكى ئىئانە قىلىنغان پۇللارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئاز دېگەندە ئىككى، ياخشىسى كۆپرەك ئىشەنچلىك قېرىنداشلارنى ئۇنىڭغا تەڭ ئىگىدار قىلىش كېرەك. يەنە ئەڭ ياخشىسى، قېرىنداشلار تەلىم ۋە خوش خەۋەر يەتكۈزۈش خىزمىتىدە بولمىسۇن — چۈنكى تەلىم بېرىش ياكى خۇش خەۋەت تارقىتىش خىزمىتىنى توغرا ئورۇنداش ئۈچۈن رەب ئالدىدا كۈتۈپ دۇئا قىلىشتا كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 2:6نى كۆرۈڭ). مۇمكىن بولسا ۋاقتى-ۋاقتىدا جامائەتكە ياكى جامائەتلەرگە پۇلنى قانداق ئىشلەتكەنلىكى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەن ياخشى.

(ب) بۈگۈنكى كۈنلەردە كۆپ جامائەتلەردە خۇدانىڭ خەلقىنىڭ كىرىمىنىڭ «ئوندىن بىرى»نى ئۆشرە-سەدىقە تاپشۇرۇشى كېرەك، دېگەن تەلىم بېرىلمەكتە. بەزى قېرىنداشلار تەۋراتنى (مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن)نى ئالدىراپ ئوقۇپ، يەھۇدىي خەلقتىن «ئوندىن بىرى» تەلەپ قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپلا، جامائەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا يەھۇدىي خەلقىدىن ئۈچ خىل «ئوندىن بىرى» تەلەپ قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېسابلىساق جەمئىي بولۇپ كىرىمىنىڭ 10%گە ئەمەس، بەلكى 23%گە يېقىن كېلىشى مۇمكىن. ئەمما پاۋلۇس ۋە ھېچقايسى باشقا روسۇل ھەم مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزى «ئوندىن بىرى» توغرۇلۇق ھېچقانداق تەلىم بەرگەن ئەمەس. پاۋلۇس بۇ خېتىدە: «ئۆز كۆڭلىدە پۈككىنىچە بەرسۇن» — دەيدۇ. ئۇنىڭ تەكىتلەيدىغىنى سەدىقىنىڭ قانچىلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنى بەرگۈچىنىڭ پوزىتسىيەسىدە ئىدى. «ھەر ئادەم ھېچ قىينىلىپ قالماي ياكى مەجبۇرەن ئەمەس، بەلكى

ئۆز كۆڭلىدە پۈككىنىچە بەرسۇن؛ چۈنكى خۇدا خۇشاللىق بىلەن بەرگۈچىنى ياخشى كۆرىدۇ» (7:9).

بۇنى دېگىنى بىلەن، ئىنجىلدا سەدىقە-خەيرخاھلىق توغرۇلۇق بېرىلگەن تەلىم شۇكى، ئېتىقادچىنىڭ ئۆز بارلىقى (يەنى پۇل-بىسات، ۋاقىت-دەسمايە، تالانت-قابىلىيەتلىرى) رەبكە مەنسۇپ، ئۆزىنى بولسا بۇلارنىڭ ۋاقىتلىق غوجىدارى، خالاس، دەپ قارىشى كېرەك («لۇقا» 12:16). ئىشەنگۈچى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىش قارارىغا كېلىشى كېرەك ۋە ۋاقتى كەلگەندە ئىگىمىزگە ئۇلار توغرۇلۇق ھېساب تاپشۇرۇشى كېرەك. قىسقىسى، ھەممىسىنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرغان بولساق، ئۇنىڭدىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ياخشى غوجىدارلىق قىلىشقا دانالىق سورىساق، ئەمدىلىكتە سەدىقە، خەير-ساخاۋەت بېرىش بۇ دانالىقنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىز پەقەت شۇنى قوشۇپ ئېيتىمىزكى، «ھەممىدىن ئوچۇق قوللۇق بەرگۈچى» بولغان خۇدا بىلەن بىللە ماڭغان كىشىلەر بەربىر ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭغا ئوخشاش «ئوچۇق قوللۇق» دەپ بىلىنىدۇ.

## پاۋلۇسنىڭ «ماختىنىش»ى، گۇۋاھلىقى ۋە «ئەخمەقلىق»ى توغرۇلۇق (10-12-باب)

ئوقۇرمەنلەر كېيىنكى بابلاردا (10-12) پاۋلۇسنىڭ «ماختىنىشنىڭ كېرەكلىكى»نى تىلغا ئالغىنىغا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۇنداق قىلغىنىدا «ئەخمەقلىق» دەپ تەسۋىرلەنگىنىگە ھەيران قېلىشى ياكى سەل قايمۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. كورىنتتىكى جامائەت ئۆز ئارىسىدا ئۆزلىرىنى «روسۇللار»، ھەتتا «قالتىس ئۇلۇغ روسۇللار» دەپ ئاتاپ، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىدىن پايدا ئۇندۇرگۈچىلەرنىڭ يالغانچىلىقىنى ھەقىقىي روسۇللارنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىدىن پەرق ئېتەلىشى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق — يەنى خۇدانىڭ ئۇنى قانداق ئىشلەتكىنى، ئۇنىڭ قانداق ئېغىر سىناقلار، جاپا-مۇشەققەتلەر ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن ئۆتكۈزگەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى. مۇشۇنداق ئاتالمىش روسۇللارنىڭ پاۋلۇس ۋە ھەمكارلىرى بىلەن ھېچقانداق سېلىشتۇرغۇچلىقى يوق ئىدى؛ پاۋلۇسنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئوبيېكتىپ ئوقۇرمەنگە ئۇلارنىڭ يالغان يوچىلىقلىرى ئايان بولاتتى. پاۋلۇس بىرنەچچە تەرەپلەردە ئۆزى ھەم ھەمكارلىرى توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بېرىدۇ: —

(ئا) ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ پاكلىقى ۋە «سۇپسۇزۇك» سۇپىتى (4:1-2)؛

(ئە) خۇدا ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، شۇنداقلا ئۇلارنى سىنىغان نۇرغۇنلىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر (6:3-10)؛

(ب) بۇ يالغان «قالتىس ئۇلۇق روسۇللار»غا ئوخشىمايدىغان، ئۇنىڭ ئۆزىنى ھېچكىم بىلەن سېلىشتۇرمايدىغان ئادىتى (10:12-13)؛

(پ) ئۇنىڭ ئۇلاردىن ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلمايدىغان خىزمەت ئىستىلى (11:5-13)؛

(ت) ئۇ كۆندىن-كۈنگە يۈزلەنگەن خەۋپلەر (11:16-27)؛

(ج) ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەممە جامائەتلەرنىڭ چوڭقۇر غېمىنى يەيدىغانلىقى (11:28-29)؛

(چ) خۇدا ئۆزىگە ئامانەت قىلغان مول ۋەھىيلەر (12:1-5)؛

(خ) خىزمىتىدە كۆرسىتىلگەن كۆپ كارامەتلەر ۋە مۆجىزىلەر (12:11-13).

بۇلارنى ئېيتقىنى بىلەن، پاۋلۇس بۇلارنى بايان قىلىشنى «ئەخمەقلىق» دەيدۇ. ھەممىسى ھەقىقەت بولغىنى بىلەن، ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلەش ئۆزىگە نەپرەتلىك ئىش ئىدى؛ ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنىڭ قىزغىنلىقى بولسا ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ياكى خىزمىتىنىڭ كەڭ دائىرىلىرى ئەمەس، بەلكى خۇدانى جاكارلاشتىن ئىبارەت. جامائەتلەر ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تونۇپ يېتىپ قوبۇل قىلغان بولسىلا، ئۇ بۇلارنى ئىسپاتلاشقا ۋاقىت سەرپ قىلماي، مەسىھنىڭ شان-شەرەپلىرىنى ئايان قىلىشقا باشلىغان بولاتتى؛ خۇدا ئۇنى دەل شۇ ئىشقا چاقىرغانىدى. لېكىن بىز ئۇنىڭ ئۆز خىزمىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق مۇشۇ تەرىقىدە سۆزلەشكە مەجبۇر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن چوڭقۇر مىننەتدارمىز؛ چۈنكى بىرىنچىدىن بۇ بايانلار ھەقىقىي خىزمەتكار ۋە ھەقىقىي روسۇلنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بىر روسۇلنىڭ قانداقتۇر بىر «خاسىيەتلىك ئادەم» ئەمەس، بەلكى بىزدەك ئىنسان بولغانلىقى ئايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزلەر پەقەت «ساپال ئىدىشلار» (4:7) بولساقمۇ، بۇ بايانلاردىن خۇدانىڭ ھەممىدىن قىممەت گۆھىرى، يەنى مەسىھنىڭ بايلىقلىرىنى بىز ئارقىلىقمۇ ئايان قىلىشقا لايىق كۆرۈشىمۇ مۇمكىن، دەپ ئىلھام ئالىمىز (4:5-7).

بىز قوشۇپ ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، ئەگەر جامائەتلەر خۇدانىڭ مۇقەددەس كىتابتا ۋەھيي قىلىنغان ساۋاق-كۆرسەتمىلىرىگە قۇلاق سېلىشنىڭ ئورنىغا پەقەت ئادەملەرنىڭ «ھاياجانلاندۇرىدىغان گۇۋاھلىقلىرى»نى ئاڭلاشقا كۆپ ۋاقىت ئىشلەتسە، ئۇلارمۇ «ئەخمەقلىق» بىلەن شۇغۇللانغان ھېسابلىنىدۇ.

## مەسىھنىڭ روسۇللىرىنى تونۇپ يېتىشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى قوبۇل قىلىشنىڭ مۇھىملىقى

بىز يۇقىرىدا پاۋلۇسنىڭ «ئەخمەقلىق قىلىپ»، ئۆزىنىڭ روسۇللۇق ھوقۇقىنى تەستىقلىغانلىقى ئۈستىدە توختالدۇق. ئەمدى ««روسۇللۇق ھوقۇق»نى قوبۇل قىلىش نېمىشقا شۇنداق مۇھىم؟» دەپ سورىساق پايدىلىق بولىدۇ.

بۇنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مەسىھنىڭ روسۇللىرىغا ئېيتقان سۆزلىرىنى قايتىدىن ئوقۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئاۋۋال پېترۇسنىڭ ئەيسانى «مەسىھ» ۋە «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ ئېتىقادىنى ئېتىراپ قىلغاندا، مەسىھنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزلىرىگە قارايمىز: —

ئىنجىل، «مات.» 16:15-19: —

«ئۇ (ئەيسا) ئۇلاردىن:

— سىلەرچۇ؟ سىلەر مېنى كىم دەپ بىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

پېترۇس دەرھال ئاتالغان سىمون:

— سەن مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ ئوغلى قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئىكەنسەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەيسا ئۇنىڭغا: — نېمىدېگەن بەختلىكسەن، يۇنۇس ئوغلى سىمون! بۇنى ساڭا ئاشكارىلىغۇچى ئەت ئىگىلىرى ئەمەس، بەلكى ئەرشتىكى ئاتامدۇر. ساڭا شۇنىمۇ ئېيتايكى، سەن بولساڭ پېترۇس [مەنىسى «تاش»]. مەن جامائىتىمنى بۇ ئۇيۇلتاش ئۈستىگە قۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىدىن تەھتىسارانىڭ دەرۋازىلىرى [ئۆلۈمنىڭ كۈچى]مۇ غالىب كېلەلمەيدۇ. ئەرشنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ساڭا بېرىمەن. سېنىڭ يەر يۈزىدە يول قويمىغانلىرىڭ ئەرشتىمۇ يول قويۇلمىغان بولىدۇ؛ سېنىڭ يەر يۈزىدە يول قويغانلىرىڭ ئەرشتىمۇ يول قويۇلغان بولىدۇ، — دېدى».

مۇشۇ يەردە بىز رىمدىكى كاتولىك «پاپالىقى»نىڭ «روسۇل پېترۇس رىمدىكى تۇنجى پاپا بولغان» ھەم «پېترۇستىن تارتىپ «خۇدانىڭ جامائىتى «پاپا» ئۈستىگە ئۇل سېلىنغان ھالدا ئۆسكەن» دېگەن كۆپۈرلۈق يالغان بىمەنىلىكىگە رەددىيە بېرىشكە كۆپ ۋاقىت ئىشلەتمەيمىز؛ پەقەت شۇنى دەيمىزكى، مۇشۇنداق سەپسەتە ئەيسانىڭ 18-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن سۆزلىرى بىلەن يوققا باراۋەر قىلىنىۋېتىلىدى: «سەن پېترۇس (گرېك تىلىدا «كىچىك تاش» دېگەن مەنىدە) ۋە مەن بۇ ئۇيۇلتاش (گرېك تىلىدا «پېترا»، يوغان بىر قورام تاشنى كۆرسىتىدۇ) ئۈستىگە جامائىتىمنى قۇرىمەن». كىچىك بىر تاش «پېترۇس» ھەرگىز يوغان تاش «پېترا» بولالمايدۇ. خېلى روشەنكى، «پېترا» دېگەن سۆز («ئايالچە رود»تا بولغاچقا): —

(ئا) جامائەتنىڭ ئۇلى پېترۇسنىڭ ئېتىراپ قىلغان ئېتىقادى، ياكى؛

(ئە) مەسىھنىڭ ئۆزى جامائەتنىڭ ئۇلىدۇر.

بىز مەسىھنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق بىرىنچى كۆزقاراشتا بولىمىز، دېمەك، مەسىھنىڭ جامائىتى ئېتىقاد دېگەن ئۇيۇلتاشنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلماقتا؛ بۇ ئېتىقاد ئىنساندىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى خۇدائاتادىن ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەندۇر (17-ئايەتنى كۆرۈڭ)، دەپ قارايمىز. پېترۇسنىڭ جامائەتلەرگە يازغان بىرىنچى خېتىدىكى بۇنى ئېنىقلايدىغان سۆزلىرىنى كۆرۈڭ («1پېت.» 2:4-9).

شۇڭا پېترۇس ئۆزى جامائەتنىڭ ئۇلى ئەمەس. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، رەب ئەيسا بۇ ۋەقەدە ئۇنىڭغا ھەقىقىي بىر خىل ھوقۇقنى، يەنى «ئەرشنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاچقۇچلىرى»نى تاپشۇردى. پېترۇسنىڭ رولى، ئادەملەر خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىدىغان ئىشىكلەرنى ئاچقۇچى بولىدۇ. «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىكى خاتىرىلەردىن دەل مۇشۇ ئىشنى كۆرىمىز: —

(ئا) پېترۇس يېرۇسالېمدا، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە بولغان، «ئورما ھېيتى»نى تەبرىكلەشكە يىغىلغان يەھۇدىيلارغا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىدىغان ئىشىكنى «پەيغەمبەرلىك سۆزلىرى» بىلەن ئاچتى («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 2-باب)؛ چۈنكى ئۇ: خۇدانىڭ «يېقى ئەھدە»سى «رەببىمىز خۇدا ئۆزىگە چاقىرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە» جۈملىدىن «سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلار ھەمدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا ياشاۋاتقانلارغا» ئېچىلدى، دەپ جاكارلىدى. خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ ئارقىلىق سۆزلەپ «ئىشىك ئاچتى».

(ئە) ئۇ يۇھاننا بىلەن سامارىيە شەھىرىدىكى ئېتىقادچىلارغا (ئۇلارنى «شالغۇت يەھۇدىي»لار دېسەكمۇ بولىدۇ) مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئىشىك ئاچتى («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 8:14-17نى كۆرۈڭ).

(ب) خۇدا «يات ئەللەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر)گە ئېتىقادنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇنى ئىشلەتتى («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 10-باب).

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنجىلدىكى لۇقا ۋەھيي بىلەن يازغان «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن قىسمىنىڭ بېشىدا يېزىلغان سۆزگە ماس كېلىدۇ: —

«ھۆرمەتلىك تېئوفىلوس، دەسلەپكى بايانىمدا، ئەيسانىڭ ئىش قىلىشتا ۋە تەلىم بېرىشتە باشلانغان... بارلىق ئىشلىرى توغرۇلۇق بايان قىلغانىدىم» (1:1).

ئەستايىدىل ئوقۇرمەنلەر دەرھال لۇقانىڭ بىرىنچى تارىخنى (ئىنجىل، «لۇقا») پەقەت بىر باشلىنىشنىڭ بايانىلا، خالاس، دەپ بايقايدۇ. گەرچە رەب ئەيسا ئاسمانغا قايتقان بولسىمۇ، لۇقا ھازىر يازماقچى بولغان قىسىم («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى») رەب ئەيسانىڭ «ئىش قىلىش»ى ھەمدە «تەلىم بېرىش»ىنىڭ داۋامىنى بايان قىلىدۇ، دېمەكچى — دەرۋەقە ئۇنى يازغان. ئەمما مەسىھنىڭ ھازىر «ئىش قىلىش»ى ۋە «تەلىم بېرىش»ى ئۇنىڭ ئىنسانىي تېنى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى «ئۇ تاللىغان روسۇللار» ۋە «ئۇنىڭ تېنى بولغان جامائەت» ئارقىلىق، مۇقەددەس روھنىڭ ئىلھامى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىسمىنىڭ نامىنى «ئەيسانىڭ ئىشلىرى ۋە تەلىملىرىنىڭ داۋامى» دەپ قويۇشقا بەلكىم توغرا كېلەتتى (لۇقا بۇ قىسمىنى يېزىپ ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن نام قوشۇلغان).

بىز مۇشۇ يەردە: «كىشىلەر پېترۇسنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ ئىلھامى بىلەن «ئورما ھېيتى»دە ئېيتقان سۆزلىرىنى رەت قىلغان بولسا، خۇدا بۇنىڭغا قانداق قارايتتى؟» دەپ سورىساق بولىدۇ. ئىككىلەنمەي جاۋاب بېرىمىزكى، ئۇلار (پېترۇسنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتىلغان) مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىنى رەت قىلغان بولاتتى. چۈنكى ئۇ پېترۇسقا ئۆزىنىڭ سۆزلەش ھوقۇقىنى ئامانەت قىلغانىدى. بۇ ئەلۋەتتە ھەم ئادەمنى قورقىتىدىغان لېكىن يەنە ئىنتايىن ئاجايىب ئىشتۇر. پېترۇستىن پاۋلۇسقىچە بارلىق روسۇللارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىدىن ئۆزلىرىنى گۇناھلىق ئادەملەر، ئەمما مەسىھ تەرىپىدىن چاقىرىلغان ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن گۇناھدىن قۇتقۇزۇلغان دەپ بىلگەن، دەپ بىلىمىز. يەنە كېلىپ بىز شۇنى بىلىمىزكى،

ئۇلار گۇناھدىن قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ (گۇناھدىن قۇتقۇزۇلغان بارلىق ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بولغاندەك)، گۇناھ سادىر قىلىش مۇمكىنچىلىكى ئۇلاردا تېخى مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار «مۇكەممەل ئادەملەر» ئەمەس ئىدى («فىل.» 12:3نى كۆرۈڭ). ھالبۇكى يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ھەرھالدا مەسىھ ئۆز ھوقۇقىنى ئامانەت قىلغان ئادەملەرمۇ ئىدى.

بىز رەب ئەيسا روسۇللىرىغا ئاخىرقى ئېيتقان سۆزلەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئىنجىلدىكى «يۇھاننا» قىسمىنىڭ 14ـ16ـبابلىرىغا ئازراق قارايلى. ئۇ شۇ چاغدا ئۇلارغا مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلىشنىڭ مۇتلەق زۆرۈرىيىتى توغرۇلۇق ئېيتتى. مەسىھ ئۆزى ئۇلارغا تاشقىرى مۇناسىۋەتتە نېمە بولغان بولسا، مۇقەددەس روھ ئۇلارغا روھ-قەلبىدە ئوخشاش بولىدۇ — يەنى «تەسەللى بەرگۈچى»، «مۇئەللىم»، «ياردەمچى»، «رىغبەتلەندۈرگۈچى» بولىدۇ. مەسىھ، «تەسەللى بەرگۈچى»نىڭ خىزمەت قىلىپ مەن ئۆزۈم سىلەرگە بۇ چاغقىچە ئۆگەتكىنىمدىن كۆپرەك ئۆگىتىدۇ، دەيدۇ: —

(«يۇھ.» 12:16ـ15)

«سىلەرگە ئېيتىدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى؛ لېكىن سىلەر ئۇلارنى ھازىرچە كۆتۈرەلمەيسىلەر. لېكىن ئۇ، يەنى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە، ئۇ سىلەرنى بارلىق ھەقىقەتكە باشلاپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمەيدۇ، بەلكى نېمىنى ئاڭلىغان بولسا، شۇنى سۆزلەيدۇ ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ مېنى ئۇلۇغلايدۇ؛ چۈنكى ئۇ مەندە بار بولغاننى تاپشۇرۇۋېلىپ، سىلەرگە جاكارلايدۇ. ئاتىدا بار بولغاننىڭ ھەممىسى ھەم مېنىڭكىدۇر؛ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مەن: «ئۇ مەندە بار بولغاننى تاپشۇرۇۋېلىپ، سىلەرگە جاكارلايدۇ» دەپ ئېيتتىم».

مانا بۇ رەب ئەيسانىڭ ئۆز روسۇللىرىغا يەر يۈزىدە بەرگەن تەلىمىدە ھەممە ئۆگەتمەكچى بولغان ئىشلارنى تېخى ئۆگىتىپ بولغان ئەمەس، دېگەن روشەن بايانىدۇر. ئاددىي سەۋەب شۇكى، «سىلەر ئۇلارنى ھازىرچە كۆتۈرەلمەيسىلەر» — ئۇلار تېخىچە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئىشەنچسىزلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن ئادەملەر — ئۇلار يەنىلا «ئۆزىگە تايانغان»، ئىنسانلارچە كۆزقاراشلاردا بولۇپ ئىنسانلارچە ئويلايدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مەسىھكە ئەگىشىشتە مۇتلەق ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشى كېرەك ئىدى. مەسىھ قولغا ئېلىنغان، سوراقتا تارتىلغان ۋە كرېستكە مىخلانغاندىلا ئاندىن

ئۇلار بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ، شۇنداقلا «ئۇستازىمىزنىڭ تېشىمىزدا ئەمەس، ئىچىمىزدە ماكان قىلىشىغا موھتاجمىز» دەپ بىلىپ يېتەتتى. شۇ چاغدا ئۇلار مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولاتتى ۋە رەب مۇنۇ يەردە ۋەدە قىلغىنىدەك، مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى «بارلىق ھەقىقەت»كە يېتەكلەپ ئۆگىتىدىغان بولىدۇ. ھېچ رەددىيە بەرگۈسىزكى، روھ ئۇلارغا ئۆگەتكەن كارامەت ئىشلار دەل مەسىھنىڭ ئۆلۈم ۋە تىرىلىشىنىڭ تولۇق مەنىسىنى، خۇدانىڭ جامائەت توغرۇلۇق مەڭگۈلۈك پىلانىنى، مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىنى ۋە يېڭى ئاسمان-زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ بۇلار دەل ئىنجىلدىكى روسۇللارنىڭ جامائەتلەرگە يازغان مەكتۇپلىرىدە خاتىرىلەنگەن ئاجايىب ۋەھىيلەردىن ئىبارەت. بۇ مەكتۇپلەر دەل شۇ جامائەتلەر تەرىپىدىن بىز ئۈچۈن ساقلانغان بولۇپ، ئىنجىل دەل بۇ مەكتۇپلەر (پېترۇس، ياقۇپ، يەھۇدا، يۇھاننا ۋە پاۋلۇسنىڭ مەكتۇپلىرى)دىن ۋە ئەيسانىڭ تەرجىمىھالى خاتىرىلەنگەن «تۆت بايانچى» (روسۇل ماتتا، ماركۇس، لۇقا ۋە روسۇل يۇھاننا)نىڭ بايانلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

شۇڭا جامائەتكە نىسبەتەن ھەربىر روسۇلدا رەب ئەيسادىن تاپشۇرۇلغان تەلىم بېرىش ھوقۇقى بار ئىدى، بۇ تەلىملەر ئىنجىلدا بىز ئۈچۈن ساقلانغان خەتلەردە تېپىلىدۇ دەپ بىلىپ يېتىش ئىنتايىن مۇھىم؛ دېمەك، ھەممە ئېتىقادچىلار بۇلارنىڭ بارلىقىنى رەب ئەيسانىڭ ئۆزىدىن كەلگەن دەپ ئېتىراپ قىلىپ ئۇلارغا تولۇق بويسۇنۇشى زۆرۈر. شۇنداق قىلىشنى رەت قىلىش خۇدا بىلەن قارشىلىشىدىغان كۆپۈرلۈكتۇر.

گاھى ۋاقىتلاردا بىز نىيىتى ياخشى ئەمما يولدىن ئادىشىپ كەتكەن، «بىز پەقەت ئەيسا مەسىھنىڭ تۆت تەرجىمىھالىدا بىز ئۈچۈن خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىگە بويسۇنىمىز — پېترۇس، ياقۇپ، يەھۇدا، يۇھاننا ھەم پاۋلۇسلار بولسا، ئۇلار پەقەت ئىنسان، ئۇلارنىڭ مەكتۇپلىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرى، خالاس» دەيدىغان كىشىلەرگە يولۇقۇپ قالىمىز. ئىشىنىمىزكى، بىز بۇنداق پىكىردە بولۇشنىڭ نادانلىق، ھەتتا خەتەرلىك ئېزىتقۇلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىك سۆزلىدۇق. كىمدىكىم مەسىھنىڭ «تۆت تەرجىمىھالى»دا خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىگە ئىشەنگەن بولسا، ئۇنىڭ روسۇللىرىنىڭ مەكتۇپلىرىدە خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىنىمۇ ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە دەپ قوبۇل قىلىشى كېرەك.

بىز ھازىر، ھەربىرسى قىممەتلىك ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ بايان (4:13-7) ئۈستىدە توختىلىمىز: —

(1) 4:13 «ئۇ دەرۋەقە ئاجىزلىقتا كرېستلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يەنىلا ھاياتتۇر. بىزمۇ ئۇنىڭدا ئاجىز بولساقمۇ، خۇدانىڭ سىلەرگە قاراتقان قۇدرىتى بىلەن، ئۇنىڭغا باغلىنىپ ھايات ياشايمىز».

بۇ بايان بىزنى رەب ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستلەنگىنىدە نېمە ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەن يۈز بەرگەنلىكىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىچلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ ئۇ چوڭقۇر بىر سىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايمىز. بۇ سىر ئۈستىدە مۇشۇ يەردە پەقەت قىسقىچە توختىلىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ سىر ئۆزى يۇقىرىقى ئابزاسلاردا ئېيتقىنىمىزدەك، مەسىھ ئەيسانىڭ: «مۇقەددەس روھ مەندە بار بولغاننى سىلەرگە يەتكۈزۈپ ئايان قىلدۇ» دېگەن ۋەدىسىدىن چىققان ۋەھىيلەرنىڭ بىر ئۈبدان مىسالىدۇر.

پاۋلۇس رەب ئەيسانى «ئاجىزلىقتا كرېستلەنگەن» دەيدۇ؛ بىز رەب ئەيسا يەر يۈزىدە قىلغان بارلىق خىزمىتىدە مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن زور كۈچ-قۇدرەت بىلەن «مەسىھ قىلىنغان» دېسەك خاتا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە (مەسىلەن، «لۇقا» 14:4 ۋە «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 38:10نى كۆرۈڭ). بىز باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇ (ئاتىسىنىڭ ئەمرى بولمىسا) ئۆزىنىڭ خۇدالىق كۈچ-قۇدرىتىنى ھېچ ئىشلەتكەن ئەمەس، بەلكى ئىنسان سۈپىتىدە مۇقەددەس روھنىڭ قۇۋۋەتلەندۈرۈش ھەم كۈچلەندۈرۈشلىرى بىلەن بارلىق مۆجىزىلەرنى يارىتاتتى ۋە تەلىم بېرەتتى. ئەمىسە ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خىزمىتى، يەنى كرېستكە مىخلىنىپ قۇربانلىق بولۇشى توغرۇلۇق «ئۇ ئاجىزلىقتا كرېستلەنگەن» دەپ ئوقۇش ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۇ چاغدا مۇشۇ «زور كۈچلەندۈرۈش» نەدە بولغاندۇ؟ بىز ئەيسانىڭ كرېستكە ئېسىلغان چاغدىكى: «ئى خۇدايىم، ئى خۇدايىم، نېمىشقا مېنى تاشلىۋەتتىڭ؟!» دېگەن دەھشەتلىك ۋارقىرىشىدىن ئۇنىڭ شۇ پەيتتە يالغۇز ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ھەقىقىي يالغۇزلۇقتا ئىدى — ئۇ خۇدائاتىسى تەرىپىدىن ۋاز كېچىلگەن — چۈنكى ئۇ بىز ئۈچۈن گۇناھ كۆتۈرمەكتە ئىدى؛ پاۋلۇس 21:5دە ئېيتىلغاندەك ئۇ شۇ چاغدا ئەمەلىيەتتە «گۇناھ»نىڭ ئۆزى قىلىنغان. بارلىق يار-يۆلەك، بارلىق تەسەللى، مۇھەببەتنىڭ بارلىق بېشارەتلىرى، بارلىق يورۇقلۇق، بارلىق كۈچلەندۈرۈلۈش ئۇنىڭدىن

كەتكەنىدى — بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۇ يالغۇزلا، ئىنسانلىقىنىڭ مۇتلەق ھەم تولۇق ئاجىزلىقىدا كۆتۈردى؛ شۇنداق قىلىپ، ھېچ رىغبەتسىز، ھېچ تۈرتكىسىز بولۇپ، ھەتتا ئىبراھىمنىڭ ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلىشقا تەييار بولغان ئىمان-ئىشەنچىدىن ملىڭ ھەسسە ساپ ئىمان-ئىشەنچ بىلەن ئۇ ئاخىرغىچە ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئاتىسىغا باغلانغان ساپ ۋە تولۇق، مۇكەممەل مۇھەببىتىنى ئۆزگەرتمەي، ئاجىزلاشتۇرماي ساقلاپ كەلدى. «خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يەنىلا ھاياتتۇر» — ئەھۋال قانداقىسىگە باشقىچە بولسۇن؟ خۇدا شۇنداق مۇكەممەل بولغۇچىنى ئۆلۈمدە قالدۇرۇپ تىرىلدۇرمەي قويارمىدى؟! ئۇنى «ئۇنىڭ ئۇۋىك يېنىدا ئولتۇرغۇزماي» تۇرالامتى؟!

قەدىرلىك ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىم (سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلغان بولساڭلار)، ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە مېنىڭمۇ روھ ۋە قەلبىمىزنى ئۆز روھى ئارقىلىق ماكان تۇتقۇچى ئەيسادۇر! ئەمدى بىزگە يەنە نېمە ئىش مۇمكىن بولمىسۇن؟

پاۋلۇس يەنە «بىزمۇ ئۇنىڭدا ئاجىز بولىمىز» دەيدۇ. بۇ بايانمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەمما بىز بۇ خەتتىكى «ئاجىزلىقنىڭ بەرىكەتلىرى» توغرۇلۇق باشقا سۆزلەرنىڭ يورۇتۇشلىرى بىلەن ئۇنى ئاسانراق چۈشىنەلەيمىز. خۇدا بىزنى كۆچلۈك ئەر-ئاياللار قىلماقچى بولسا (شۇنداق قىلىشنى خالايدۇ)، ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋۋال بىزنى ئاجىز قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ئۇ ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ ئىرادىسىنىڭ ۋە ئەقىل-ئىدراكىنىڭ كۈچسىزلىكى، تايانچسىزلىقى ۋە ئەخمەقلىقىنى ئۆگىتىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا تايىنىشقا باشلايمىز ۋە پاۋلۇس بىلەن تەڭ: «خۇدانىڭ سىلەرگە قاراتقان قۇدرىتى بىلەن، ئۇنىڭغا باغلىنىپ ھايات ياشايمىز» دېيەلەيدىغان بولىمىز.

7:13 (2) «سىلەرنىڭ ھېچقانداق رەزىللىك قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن خۇداغا دۇئا قىلىمىز؛ بۇ، بىزنىڭ سىناقتىن ئۆتتى دەپ قارىلىشىمىز ئۈچۈن ئەمەس — ھەتتا سىناقتىن ئۆتمىدى، دەپ قارالساقمۇ، مەيلى — مۇھىمى سىلەرنىڭ دۇرۇس بولغانلىقى قىلىشىڭلار».

بۇ ئايەت ئۈستىدە بىز پەقەت قىسقىچە شۇنى بايقايمىزكى، ئۇنىڭدا «مۇھەببەتنىڭ چەكسىزلىكى» كۆرۈنىدۇ. پاۋلۇس جامائەتنى شۇنچە قىزغىن سۆيىدىكى، گاھى ۋاقىتلاردا ئۆزىنى ۋە ئۇنىڭغا كېلىدىغان ئىنئامنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتى، دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئۇنىڭ پۈتكۈل نەزىرى باشقىلارنىڭ بەرىكىتى، يەنى مەڭگۈلۈك بەرىكىتى

ئۆستىگە سىلىنغان. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن خۇدانىڭ ھەمراھلىقىدىكى ھاياتقا ئېرىشكەن؛ لېكىن باشقىلارنىڭ شۇ ھاياتنىڭ شان-شەرىپىگە كىرىشكە باشلىغىنىدا ئۇنىڭ شادلىقى تولدۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ نىجاتنىڭ شادلىقىنى ئۇ ئۆزىدە قالدۇرۇۋالماي، باشقىلار بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش زۆرۈر دەپ قارايتتى. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن، ئەيسانىڭ خۇدانىڭ يولىدا ئادەمنىڭ «ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلىش» توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە قايتىدىن قاراڭ («لۇقا» 24:9). دەرۋەقە، پاۋلۇس شۇ دەرىجىدە «ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلغان»كى، ئۇ «پەقەت سىلەر خۇدا بىلەن دۇرۇس مۇناسىۋەتتە بولساڭلار، سىلەردە بەرىكەت بولسىلا، ئۆزۈم نېمە بولسام پەرۋايىم پەلەك»، دېگەندەك بولىدۇ. يەنە 9-ئايەتنى كۆرۈڭ: «چۈنكى بىز ئاجىز بولساقمۇ، سىلەرنىڭ كۈچلۈك بولغىنىڭلاردىن شادلىنىمىز!».

بىز پاۋلۇسنىڭ مۇشۇ كۆڭلىدىكى پوزىتسىيىسىنى يەنە «رىم.» 1:9-5دە خاتىرىلەنگەن دۇئاسىدا ۋە مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن بولغان، «مىس.» 30:32-32دە خاتىرىلەنگەن دۇئاسىدا بايقايمىز. ئۇ پوزىتسىيە، ئەلۋەتتە، بىزنىڭ بەرىكەتكە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن بىزنى دەپ لەنەتكە قېلىشقا تەييار بولۇپلا قالماي، ھەقىقەتەن لەنەتكە قالغان مەسىھنىڭ بىزگە باغلىغان مۇھەببىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر («گال.» 13:3-14).

## (3) 8:13 «چۈنكى بىز ھەقىقەتكە قارشى ھېچ ئىش قىلالمايمىز؛ نېمىلا قىلساق ئۇ پەقەتلا ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ، خالاس»

پاۋلۇس مەيلى ئىشلار نېمە ۋە قانداقلا كۆرۈنسۇن، ھەممە ئىشلار ئەينى پېتىدە، يەنى ھەر كۆڭۈلنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى، ھەر ھەرىكەتنىڭ تۈپكى تۈرتكىسى ئاخىر بېرىپ ئايان قىلىنماي قالمايدۇ دەپ ئوبدان بىلەتتى. بۇ ئايان قىلىنىش بۇ دۇنيادا بولمىسا مەسىھ يەر يۈزىگە قايتىپ كەلگىنىدە چوقۇم بولىدۇ. ئەلۋەتتە، جۇڭگودا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا يەرلەردە ئۇنداق كۆڭۈلدىكى ئاددىي ئېنىقلىق ئاز ئۇچرايدۇ. بىرنەچچە يۈز يىلدىن بېرى نېمە ئىشنىڭ ھەقىقەتلىكى بولسا پەقەت شاماللىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە چىققانلىقى بىلەن بېكىتىلىپ كەلگەن، خالاس. يېڭى ھۆكۈمەت ياكى ھوقۇق باشقا ئىشنى ھەقىقەت دەپ بېكىتسە، ھەممەيلەن «تېگىشلىك بولغان»غا ئىشىنىپ كېتىدۇ. لېكىن «ھەقىقەت دېگەن ھەقىقەتتۇر»، ۋە ئاخىرىدا ھەتتا ئۇ ئۇنىڭغا ئەك قاتتىق قارشى بولغانلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. يېقىنقى ئېنىق بىر مىسال ماركسىزمدۇر دېگىلى بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ماركسىزمدىكى ئۇقۇملارنىڭ ئاساسى «ئىنساننىڭ

تەبىئىتى ئاساسەن ياخشى» دېگەنلىكتۇر. دېمەك، «يولدىن چىققان قىلمىشلار بولسا ياكى ئىجتىمائىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەر بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىم ۋە مائارىپ بىلەن تۈزەتكىلى بولىدۇ» دەيدۇ. ئەمما پۈتكۈل ئاسىيادىكىلەرنىڭ قايىسسى ھازىر «ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئاساسەن ياخشى» دەپ (بىرەرسى بىرەر قېتىم شۇنىڭغا ئىشەنگەن بولسىمۇ) ئىشىنىدۇ؟ چۈنكى ئەسلىدە ماركسىزم دوگمىلىرىنى ئەڭ قاتتىق تەرغىبات قىلغانلار دەل ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقىلاردىن يەنە تېخىمۇ چىرىكلىشىپ كەتكەنلەردىن بولغاندۇر. تەۋرات-ئىنجىلنىڭ «بارلىق ئىنسانلار گۇناھكار» دېگەن گۇۋاھلىقىغا ئەڭ قارشى تۇرغانلارنىڭ ئۆزى بۇنىڭغا ئەڭ روشەن ۋە قايىل قىلارلىق گۇۋاھچى بولۇپ چىقتى!

«چۈنكى بىز ھەقىقەتكە قارشى ھېچ ئىش قىلالمايمىز؛ نېمىلا قىلساق ئۇ پەقەتلا ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ، خالاس!»

## كورىنتتىكى جامائەت پاۋلۇسنىڭ خېتىدىكى سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ قۇلاق سالدىمۇ؟

كورىنتتىكى جامائەت پاۋلۇسنىڭ خېتىدىكى سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئارىسىدىن ئاشۇ رەزىل «ساختا روسۇللار»نى قوغلىۋەتتى ۋە پاۋلۇسنىڭ جېكىلەشلىرىگە قۇلاق سالدى، دەپ ئادەمنى شاد قىلىدىغان خۇلاسىگە كەلدۇق. مۇشۇ خۇلاسىنى كۆرسىتىدىغان تۆت پارچە ئىسپات بار: —

(1) ئۇلار ئۇنىڭ ئىئانە توغرۇلۇق بولغان ئۆتۈنۈشلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىئانىنى يېرۇسالېمدىكى كەمبەغەل ئېتىقادچىلارغا ئەۋەتتى («رىم.» 15:26-27).

(2) پاۋلۇس كېيىن كورىنتنى «ئۈچىنچى قېتىم» يوقلاش ئۈچۈن گرېتسىيىگە بارغان ۋە شۇ يەردە ئۈچ ئاي تۇردى («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 20:2-3).

(3) ئۇ كورىنت شەھىرىدە تۇرغاندا رىمدىكى جامائەتكە خەت يازدى. («رىم.» 16:1نى كۆرۈڭ — «كېنخرېئا» دېگەن كورىنت شەھىرىدىكى بىر پورت ئىدى). ھېلىقى «رىملىقلارغا» يازغان خېتىدە كورىنتتىكى جامائەتتە بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەر توغرۇلۇق قىلچە پۇراق يوق.

(4) زور بەختىمىزگە يارىشا «پاۋلۇسنىڭ كورىنتتىكى جامائەتكە يازغان ئىككىنچى

مەكتۇپىي» ھازىر قولىمىزدا تۇرۇپتۇ! ئەگەردە ئۇلار ئۇنىڭدىن رەنجىپ قېلىپ يىرتىۋەتكەن بولسا، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ساقلىمىغان بولسا، قولىمىزدا بولمايتتى. خۇداغا تەشەككۈر!

# ئىنجىل 9-قىسىم

# «گالاتىيالىقلارغا»

## روسۇل پاۋلۇس گالاتىيا ئۆلكىسىدىكى جامائەتلەرگە يازغان مەكتۇپى

### كىرىش سۆز

بۇ بەلكىم روسۇل پاۋلۇسنىڭ يازغان خەتلىرىنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، كورىنت ياكى ئەفەسۇس شەھىرىدە مىلادىيە 52-يىللىرىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. گالاتىيا ئۆلكىسى (بۈگۈنكى تۈركىيىدە) رىم ئىمپېرىيەسىگە تەۋە ئىدى. پاۋلۇس مىلادىيە 51-يىللىرىدا شۇ يەرلەرگە بارغان: «مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ ئاسىيا ئۆلكىسىدە سۆز-كالامنى جاكارلىشىغا يول قويمىغان بولۇپ، پاۋلۇسلار ئەمدى فرىگىيە ۋە گالاتىيا رايونلىرىدىن ئۆتۈپ، مىسىيە رايونىغا كەلگەن...» («روس.» 6:16). بەزىلەر، پاۋلۇس خېلى بۇرۇن، تۇنجى خىزمەت سەپىرىدە شۇ رايوننىڭ جەنۇبىي چەتلىرىدىن ئۆتكەن ۋاقىتلاردا گالاتىيالىقلار بىلەن ئۇچراشقان دەپ قارايدۇ («روس.» 13-14-بابلار). ئومۇمەن «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە ئۇنىڭ شۇ يەردە خۇش خەۋەرنى جاكارلاشلىرى توغرۇلۇق بىۋاسىتە خاتىرە يوق؛ ئەمما روشەنكى، ئۇ شۇنداق ئىشلارنى قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە جامائەت ئاپىرىدە بولغان. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىزگە، روسۇللارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ ئىشلىرى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىلا خاتىرىلەنمىگەنلىكىگە ياخشى ئەسلەتمە بولۇشى كېرەك (يەنە «يۇھ.» 25:21نى كۆرۈڭ). ئۇشبۇ خەتنىڭ پاۋلۇس گالاتىيا ئۆلكىسىگە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يېزىلغانلىقى: «سىلەر ئۆزۈڭلارنى مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق چاقىرغۇچىنىڭ يېنىدىن شۇنچە تېز يىراقلاشتۇرۇلۇپ ...» (6:1) دېگەن سۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

## «سىناگوگلار» توغرۇلۇق

يەھۇدىي خەلقى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 605-يىلى بابىل ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن كۆپ يەھۇدىيلار ئاسىيا ھەم كېيىنكى رىم ئىمپېرىيەسى تېررىتورىيەسىگە تارقىلىپ، شۇ يەرلەدە تۇرۇپ قالغانىدى. ھەربىر تۇرغان يەردە ئۇلار ئادىتى بويىچە شەنبە («شابات» — دەم ئېلىش كۈنى) كۈنىدە دۇئا قىلىش ۋە تەۋرات ئوقۇشقا يىغىلاتتى؛ مۇشۇ يىغىلىشلار «سىناگوگ» دەپ ئاتىلاتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئۇلار ئەتراپىدىكى يات ئەللەردىن بولغان كۆپ كىشىلەر يەھۇدىيلارنىڭ «ئاسمان-زېمىننى ياراتقان بىردىنبىر خۇدا» توغرۇلۇق گۇۋاھلىقىغا قىزىقىپ، تەۋراتتىكى ھەقىقەتلەرگە جەلپ قىلىنغان (تەۋرات تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 220-يىلى گرېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان). ئاز بولمىغان بىر قىسىم «يات ئەللىكلەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر) بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ، «سىناگوگ»لارغا كىرىپ سورۇننىڭ كەينىدە ئولتۇرۇشقا، تەۋرات توغرۇلۇق تەلىملەرنى ئاڭلاشقا رۇخسەتكە ئېرىشتى. بەزىلىرى ھەتتا «يەھۇدىيلار بولساق» دەپ تەلەپ قىلغان. ئۇنداق كىشىلەر خەتنە قوبۇل قىلىپ، كۆپ تەلىم-تەربىيە ئاڭلىغان ۋە تەپسىلاتى كۆپ بولغان ئىمتىھانلارنى بېرىپ، تەۋراتنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان يەھۇدىي قائىدە-يوسۇنلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا كىرگەندىن كېيىن سىناگوگتىكى جامائەتكە قوبۇل قىلىناتتى. شۇنداق بولغىنى بىلەن ئۇلار بەرىبىر يەنىلا «ئىككىنچى تەبىقە» دەپ قارىلاتتى. ئەمما سىناگوگقا قاتناشقان «يات ئەللىكلەر»نىڭ كۆپىنچىسى «سورۇننىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلاش» بىلەن رازى ئىدى ۋە شۇنداقلا يەھۇدىيلار ھەم باشقا ئەل-يۇرتتىكىلەر تەرىپىدىن «خۇدادىن قورققانلار» ياكى «خۇدادىن قورقىدىغانلار» دەپ ئاتالغان.

خۇدانىڭ مەسىھ توغرۇلۇق ئۇ ئارقىلىق بولىدىغان نىجاتىنىڭ خۇش خەۋىرىنى ھەممىدىن ئاۋۋال يەھۇدىي خەلقىگە يەھيا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئەۋەتكەنلىكى، ئاندىن مەسىھ ئۆزى بۇ خەۋەرنى ئۇلارغا جاكارلاشقا باشلىغانلىقى تارىختىكى ئېنىق پاكىتتۇر. پاۋلۇس نۇرغۇن سەپەرلىرىدە «خۇش خەۋەرنى ئاۋۋال يەھۇدىيلارغا، ئاندىن ئەللەرگە جاكارلاش» دېگەننى ئۆز پرىنسىپى قىلىپ، بارغان يەرلىرىدە ئۆدۈل يەھۇدىيلارنىڭ

سىناگوگنى تېپىپ ئۇلارغا خۇش خەۋەرنى ئاۋۋال جاكارلايتتى؛ چۈنكى ئۇلار پەلەستىندە تۇرغان يۇرتداشلىرىدەك خۇش خەۋەرنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە تېخى ئېرىشمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

سىناگوگلاردا خۇش خەۋەر جاكارلانغىنىدا قانداق ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىدىن تېپىك بىر مىسالنى كۆرەيلى («روس.» 17:1-5): —

«ئۇلار (پاۋلۇس بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى) سەپىرىنى داۋام قىلىپ ئامفىپولىس ۋە ئاپوللونىيا شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، تېسالونىكا شەھىرىگە كەلدى. ئۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگى بار ئىدى. پاۋلۇس ئادىتى بويىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇدا ئۈچ شابات كۈنى ئۇ يەردە جەم بولغانلار بىلەن مۇقەددەس يازمىلارنى شەرھلەپ مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارغا مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلەر تارتقاندىن كېيىن ئۆلۈمدىن تىرىلىشى مۇقەررەر دەپ ھەم چۈشەندۈردى ھەم ئىسپاتلىدى ۋە: — مەسىھ بولسا، دەل مەن سىلەرگە جاكارلىغان شۇ ئەيسانىڭ ئۆزىدۇر! — دېدى.

يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلەر قايىل بولۇپ ئىشىنىپ، پاۋلۇس بىلەن سىلاسقا قوشۇلدى؛ شۇنداقلا خۇدادىن قورقىدىغان گرېكلەردىن زور بىر توپ ئادەملەر ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى گرېك ئاياللارمۇ شۇنداق ئىدى. بىراق يەھۇدىيلار بۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۆزلىرىگە بازار-كوچىلاردىن بىرنەچچە قەبىھ ئادەملەرنى يىغىپ، بىر توپ ئادەملەرنى توپلاپ، شەھەرنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. يەھۇدىيلار پاۋلۇس بىلەن سىلاسنى تۇتۇپ، شەھەر خەلق كېڭەشمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە ياسون ئىسىملىك بىرسىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ باردى...».

پاۋلۇسنىڭ گالاتىيا ئۆلكىسىدە توختاش سەۋەبى بىرىنچىدىن خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئەمەس، بەلكى ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇ يەردە دەم ئېلىشقا بارغان بولۇشى مۇمكىن (13:4). شۇنداقتىمۇ ئۇ پرىنسىپ بويىچە ئۇدۇل سىناگوگ ياكى سىناگوگلارغا كىرىپ، «ئاۋۋال يەھۇدىيلارغا» («رىم.» 16:1) خۇش خەۋەرنى جاكارلىدى. شۇ سورۇنلاردا يات ئەللەردىن بولغانلارنى كۆپ دەپ پەرەز قىلساق ئورۇنسىز

بولمايدۇ. قانداق ئىشلار بولغانلىقى توغرۇلۇق بىۋاستە قالدۇرۇلغان خاتىرە يوق، لېكىن ئۇشبۇ خەتنىڭ تەپسىلاتلىرىدىن يۇقىرىدا كۆرستىلگەن «تېسالونىكادىكى ۋەقە»دەك، چوڭ غوۋغا بولۇپ ئېتىقادچىلار يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، دەپ قىياس قىلىمىز. ئۈچ خىل كىشىلەر ئېتىقاد قىلغانىدى — (1) يەھۇدىيلار (پاۋلۇس خەتتە «يەھۇدىي قېرىنداشلار»غا بىۋاستە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىدۇ)؛ (2) سىناگوگقا قاتناشقان «خۇدادىن قورققان» يات ئەللىكلەر ۋە (3) بۇتپەرەسلەر (پاۋلۇس مۇشۇنداق ئۇچىنچى خىل قېرىنداشلارغا: «بۇرۇن، خۇدانى تونۇمايدىغان ۋاقتىڭلاردا دەرۋەقە يالغان ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدا بولغانىدىڭلار» — دەيدۇ (8:4)).

پاۋلۇسنىڭ خېتىدە دېيىلىشىچە ئۇلار ئەسلىدە مەسىھنىڭ سۆزىنى ئوچۇق كۆڭۈل بىلەن قوبۇل قىلغان؛ ئۇلار ئۇنىڭ كۆز ئاغرىقىنى كۆرۈپ پاۋلۇسنىڭ ئېيتقىنىدەك: «سىلەر مۇمكىن بولسا، ماڭا كۆزلىرىڭلارنى ئويۇپ بېرىشكە رازى ئىدىڭلار!» دېگەندەك بولغان (15:4). مۇقەددەس روھ مۆجىزىلەرنى يارىتىپ كۈچلۈك ئىشلىگەن ھەم پاۋلۇس ئۇلارغا خەت يازغان ۋاقىتدىمۇ ئۇلارنىڭ جامائىتىدىكى بەزى كىشىلەر ئارقىلىق مۆجىزىلەرنى يارىتىپ ئىشلىمەكتە ئىدى (5:3). پاۋلۇس ئۇلارنىڭ يېنىدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلار ئېتىقاد يولىدا كۈچەپ ئالغا بېسىپ ئاجايىب نەتىجىلەرنى كۆرسەتتى. پاۋلۇس: — «سىلەر ئوبدان چېپىپ مېڭىۋاتقانىدىڭلار» دەيدۇ (7:5).

## ئېغىر بىر مەسىلە پەيدا بولىدۇ

لېكىن بۇ ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان مەنزىرە تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەنىدى. گالاتىيالىقلار ئارىسىدا ئۆزىنى «مەسىھگە ئېتىقادچى» دەۋالغان (بەلكىم يېرۇسالېمدىن چىققان) بەزى يەھۇدىي «مۇرتلار» پەيدا بولغان. ئۇلار: — «مەسىھگە ئىشەنگەن يات ئەللەردىن بولغانلارنىڭ ھەممىسى گۇناھدىن تولۇق قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن خەتنە قوبۇل قىلىشى زۆرۈر» دېگەن «يېڭى بىر تەلىم»نى كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇلارنىڭ دېگىنى، خۇدا خەتنىنى ئىبراھىم پەيغەمبەر بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىگە بەلگە قىلىپ: — «مەن بىلەن سىلەرنىڭ ۋە

سەندىن كېيىنكى نەسلىڭنىڭ ئارىسىدا تۇتۇش كېرەك بولغان ئەھدەم شۇكى، ئاراڭلاردىكى ھەربىر ئەركەك خەتنە قىلىنسۇن... لېكىن خەتنىلىك ئېتى تۇرۇپ، خەتنە قىلىنمىغان ھەربىر ئەركەك مېنىڭ ئەھدەمنى بۇزغان ھېسابلىنىپ، ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ...» دەپ بېكىتكەن («يار.» 10:17، 14).

شۇڭا «مەسىھكە باغلىغان ئېتىقادنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن سۈغا چۆمۈلدۈرۈشتىن باشقا، بارلىق ئېتىقادچىلار خەتنىنىمۇ قوبۇل قىلىشى كېرەك» دېيىشى خېلى ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنەتتى (بۇ تەلىم يەھۇدىي ئېتىقادچىلارنىڭ جامائەتلىرىگە ھېچ تەسىر يەتكۈزمىگەن، ئەلۋەتتە؛ چۈنكى ئۇلار ئاللىبۇرۇن، تۇغۇلۇپلا خەتنە قىلىنغان). ئەمدى شۇ ئادەملەر پاۋلۇس گالاتىيالىقلارغا جاكارلىغان خۇش خەۋەرگە قوشماقچى بولغان «كۆرۈنۈشتە ئورۇنلۇق» بۇ «كىچىككىنە بىر قوشۇمچە»نىڭ نېمە زىيىنى بولىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ «تەلىم» مەسىھنىڭ بارلىق گۇناھكارلار ئۈچۈن بولغان قۇربانلىقى ئېلىپ كەلگەن نىجاتنىڭ ئاساسىنى مۇتلەق ئىنكار قىلغۇچى زەھەرلىك ئۇرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇنداق تەلىمنى جاكارلىغانلارنى پەقەت ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئىشنى كىچىكلىتىش ھەم ئۆزلىرىنى جامائەتتە يۇقىرى كۆرسىتىشنى نىشان قىلغان خالاس، دەيدۇ پاۋلۇس. يات ئەللەردىن بولغان ئېتىقادچىلار خەتنە قوبۇل قىلغان بولسا بۇ كىشىلەر باشقا يەھۇدىي يۇرتداشلىرىغا: «مانا، بىز كۆپ ئادەملەرنى يەھۇدىيلارغا ئايلاندۇرماقتىمىز!» دېيەلەيتتى ھەم شۇنداقلا ئۇلار مەسىھكە بولغان ئېتىقادى تۈپەيلىدىن ئۇچراۋاتقان زىيانكەشلىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ياكى ئازايتقىلى بولاتتى.

ئەمدى بۇ «كىچىككىنە بىر قوشۇمچە»نىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە بالايىئاپەتلىك بولغانلىقىنى، ئۇنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇدانىڭ لەنىتىگە قالغانلىقىنى بولسا قەدىرلىك ئوقۇرمەن خەتنىڭ ئۆزىنى ئوقۇغاندا چۈشىنىپ يېتىدۇ!

بىز مۇشۇ يەردە پەقەت قوشۇپ ئېيتىمىزكى، خەتتىن خەتنىڭ تولىمۇ جىددىيلىك بىلەن يېزىلىشىنىڭ ئىزلىرى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى ھەقىقەتلەر ئىنتايىن قىسقا، ئىخچام ھالدا ئىپادىلىنىدۇ؛ تەۋراتنى ئوبدان بىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئىشلارنى چۈشىنىشى ئاسانغا چۈشىدۇ. شۇڭا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە بولمىغان ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بەزى يەرلەردە پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرىنى ئېنىق قىلىش يولىدا ئازغىنە

سۆز قوشتۇق ياكى بولمىسا ئۇلارنى ئىزاھلىدۇق. پاۋلۇس بۇ خەتنى ئۆز قولى بىلەن يازغان (11:6). ئۇ ئادەتتە كۆزى ئاجىز بولغاچقا، خەتلىرىنى كاتىپ ئارقىلىق يازاتتى؛ ئەمما بۇ قېتىم ھەتتا مۇۋاپىق كاتىپ تاپقۇدەك ۋاقتمۇ چىقمىغان ئوخشايدۇ.

پاۋلۇس كېيىن، مىلادىيە 54-يىللىرىدا يەنە گالاتىيا ئۆلكىسىگە باردى («روس.» 23:18). ئۇ چاغدا: «ئۇ شۇ يەردە تۇرغان مۇخلىسلارنى قۇۋۋەتلەندۈردى» دەپ ئوقۇيمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىز گالاتىيالىق قېرىنداشلار بۇ خەتتىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار ۋە جېكىلەشلەرنى قوبۇل قىلغان دەپ چۈشىنىمىز. خۇداغا تەشەككۈر!

ئادەتتىكىدەك «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بەزى ئايەتتىكى بەزى قىيىن ياكى ئالاھىدە قىزىق يەرلەر ۋە روسۇل كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن مەلۇم بىرنەچچە ھەقىقەتلەر ئۈستىدە، شۇنداقلا ھازىرقى زامانىمىزدا بۇلارنى قانداق تەتبىقلاشقا بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## مەزمۇنلار: -

1. سالام ۋە ئاگاھلاندۇرۇش (1:1-10)
2. پاۋلۇسنىڭ روسۇللۇق ھوقۇقىنىڭ ئاساسى (1:11-2-باب)
3. تەۋرات قانۇنى ۋە ئېتىقاد (3-باب)
4. خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى (4-باب)
5. مەسىھدە بولغان ئەركىنلىك ھەم مەسئۇلىيەت (5-باب-6:10)
6. خۇشلىنىش، ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش (6:11-18).

# گالاتىيالىقلارغا

## روسۇل پاۋلۇس گالاتىيا ئۆلكىسىدىكى جامائەتلەرگە يازغان مەكتۇپ

### سالاملار

1 [1] مەنكى پاۋلۇس، روسۇل بولغان (ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەمەس ياكى
ئىنسانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھ ۋە
ئۇنى ئۆلگەنلەردىن تىرىلدۈرگۈچى خۇدائاتا تەرىپىدىن تەيىنلەنگە
ن) [2] ۋە مەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان بارلىق قېرىنداشلاردىن گالاتىيا
ئۆلكىسىدىكى جامائەتلەرگە سالام. [3] خۇدائاتا ۋە رەببىمىز ئەيسا
مەسىھتىن سىلەرگە مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك بولغاي! [4] ئۇ
خۇدائاتىمىزنىڭ ئىرادىسى بويىچە بىزنى بۇ ھازىرقى رەزىل زاماندىن
قۇتقۇزۇشقا ئۆزىنى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن پىدا قىلدى؛ [5] خۇداغا بارلىق
شان-شەرەپ ئەبەدىل-ئەبەدگىچە بولغاي، ئامىن!

### بىردىنبىر خۇش خەۋەر

[6] سىلەر ئۆزۈڭلارنى مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق
چاقىرغۇچىنىڭ يېنىدىن شۇنچە تېز يىراقلاشتۇرۇپ باشقىچە بىر
خىل «خۇش خەۋەر»گە ئەگىشىپ كېتىۋاتقىنىڭلارغا ئىنتايىن
ھەيران قالماقتىمەن! [7] ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچقانداق باشقا «خۇش
خەۋەر» ئەمەستۇر! ــ پەقەتلا بەزى كىشىلەر سىلەرنى قايماقتۇرۇپ،

---

**1:1** **«ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنى ئۆلگەنلەردىن تىرىلدۈرگۈچى خۇدائاتا...»** ــ «ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى» ــ گرېك تىلىدا: «ئۆلگەنلەردىن تىرىلدۈرگۈچى».

**3:1** رىم. 7:1؛ 1كور. 3:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1.

**4:1** مات. 28:20؛ گال. 20:2؛ ئەف. 2:5؛ تىت. 14:2؛ ئىبر. 14:9.

**6:1** مىس. 8:32، قان. 15:9-16، ھاك. 17:2

مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنى بۇرمىلىماقچى بولغان، خالاس. [8]لېكىن
ھەتتا بىز ئۆزىمىز بولايلى ياكى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە
بولسۇن، بىرسى بىزنىڭ سىلەرگە جاكارلىغىنىمىزغا ئوخشىمايدىغان
باشقا بىر «خۇش خەۋەر»نى سىلەرگە جاكارلىسا، بېشىغا لەنەت ياغ
سۇن! [9]بىز بۇرۇن ئېيتقىنىمىزدەك، ھازىرمۇ مەن شۇنى ئېيتىمەنكى،
بىرسى سىلەرنىڭ قوبۇل قىلغىنىڭلارغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر
خۇش خەۋەرنى جاكارلىسا، بېشىغا لەنەت ياغسۇن!

[10]مەن خۇدانى ئىشەندۈرۈشۈم كېرەكمۇ ياكى ئىنسانلارنى
ئىشەندۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟ ياكى ئىنسانلارنى خۇرسەن قىلىشىم
كېرەكمۇ؟ مەن ئىنسانلارنى خۇرسەن قىلىشنى نىشان قىلغان بولسام،
مەسىھنىڭ قۇلى بولمىغان بولاتتىم. [11]ئەمدى، ئى قېرىنداشلار،
سىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى، مەن جاكارلايدىغان خۇش خەۋەر
ئىنسانلاردىن كەلگەن ئەمەس. [12]چۈنكى مەن ئۇنى ئىنساندىن قوبۇل
قىلغىنىم يوق ياكى بىرەر كىشى ئۇنى ماڭا ئۆگەتكىنى يوق، بەلكى
ئەيسا مەسىھ ماڭا ۋەھيي ئارقىلىق يەتكۈزگەن. [13]چۈنكى سىلەر
مېنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ دىنيي يولىدا قانداق ھايات كەچۈرگەنلىكىم

**7:1** روس. 1:15؛ 1پاد. 18:18

**8:1** 2كور. 11:4.

10:1 **«مەن خۇدانى ئىشەندۈرۈشۈم كېرەكمۇ ياكى ئىنسانلارنى ئىشەندۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟ ياكى ئىنسانلارنى خۇرسەن قىلىشىم كېرەكمۇ؟»** — خۇش خەۋەرنى خۇدا ئۆزى بېكىتىپ ئەۋەتكەن، ئەلۋەتتە. «خۇش خەۋەر»نى ئۆزگەرتىمەن، دەپ خام خىيال قىلغۇچىلار «خۇدانى ئىشەندۈرۈش»ى كېرەك! بىراق ۋەزىپىمىز ئادەملەرنى خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلىشقا ئىشەندۈرۈشتۇر. **«مەن ئىنسانلارنى خۇرسەن قىلىشنى نىشان قىلغان بولسام، مەسىھنىڭ قۇلى بولمىغان بولاتتىم»** — «مەسىھنىڭ قۇلى» — يەھۇدىيلار ئارىسىدا «قۇل»نىڭ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى بار ئىدى. ئىززەتلىك ئادەمنىڭ قۇلى بولۇشنىڭ ئۆزى ئىززەتلىك ئىش.

**10:1** 1تېس. 2:4؛ ياق. 4:4.

**11:1** 1كور. 15:1.

**12:1** ئەف. 3:3.

توغرۇلۇق ــ مېنىڭ خۇدانىڭ جامائىتىگە ئەشەددىي زىيانكەشلىك
قىلىپ ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىمنى ئاڭلىغانسىلەر.
[14] ھەمدە مەن يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي يولىدا ئېلىمىزدىكى نۇرغۇن
تەڭتۇشلىرىمدىن خېلىلا ئالدىدا تۇراتتىم ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ
ئەنئەنىلىرىنى ساقلاشقا پەۋقۇلئاددە قىزغىن ئىدىم.

[15-16] ئەمما ئانامنىڭ قورسىقىدىن تارتىپ مېنى ئۆزى ئۈچۈن ئايرىپ،
مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق مېنى چاقىرغان خۇدا ئۆز ئوغلىنى ئەللەر
ئارىسىدا جاكارلاش ئۈچۈن مەندە ئۇنى ئاشكارىلاشنى لايىق كۆرگىنىدە،
مەن ھېچقانداق قان-ئەت ئىگىسى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي، [17] ياكى
يېرۇسالېمغا مەندىن ئىلگىرى روسۇل بولغانلار بىلەن كۆرۈشۈشكە
بارماي، بەلكى ئۇدۇل ئەرەبىستانغا ئاتلاندىم. كېيىن دەمەشققە
قايتىپ كەلدىم. [18] ئاندىن ئۈچ يىلدىن كېيىن يېرۇسالېمغا پېترۇس
بىلەن تونۇشۇشقا باردىم ۋە ئۇنىڭ قېشىدا ئون بەش كۈن تۇردۇم.
[19] ئەمما شۇ چاغدا رەبنىڭ ئىنىسى ياقۇپتىن باشقا روسۇللارنىڭ
ھېچقايسىسى بىلەن كۆرۈشمىدىم. [20] مانا، مېنىڭ سىلەرگە ھازىر
يازغىنىم خۇدا ئالدىدا ھېچ يالغان ئەمەس! [21] كېيىن، مەن سۈرىيە

13:1 **«يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي يولى»** ــ گرېك تىلىدا «يەھۇدائىزم». **«ئەشەددىي زىيانكەشلىك قىلىپ...»** ــ ياكى «تاشقىن قىزغىنلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىپ...».

**13:1** روس. 3:8؛ 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛ فىل. 6:3؛ 1تىم. 13:1.

16-15:1 **«خۇدا ئۆز ئوغلىنى ئەللەر ئارىسىدا جاكارلاش ئۈچۈن مەندە ئۇنى ئاشكارىلاشنى لايىق كۆرگىنىدە...»** ــ «ئەللەر» مۇشۇ يەردە «يات ئەللىكلەر»، يەنى «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

**16-15:1** روس. 15:9؛ 2:13؛ مات. 17:16؛ روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 8:2؛ ئەف. 8:3.

**17:1** روس. 23-26:9.

18:1 **«ئۈچ يىلدىن كېيىن يېرۇسالېمغا پېترۇس بىلەن تونۇشۇشقا باردىم»** ــ «پېترۇس» روسۇل پېترۇس (باشقا ئىسمى «كېفاس»).

19:1 **«رەبنىڭ ئىنىسى ياقۇپ»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئەيسانىڭ ئاز دېگەندە تۆت ئىنىسى بار ئىدى («مات.» 55:13).

**20:1** رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ 1تېس. 5:2؛ 1تىم. 21:5؛ 2تىم. 1:4.

ۋە كىلىكىيە ئۆلكىلىرىگە باردىم. [22] ئەمما يەھۇدىيەدىكى مەسىھدە
بولغان جامائەتلەر مېنى چىرايىمدىن تونۇمايتتى. [23] ئۇلار پەقەت
بۇرۇن بىزگە زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى شۇ چاغدا
يوقاتماقچى بولغان ئېتىقادنى ھازىر خۇش خەۋەر دەپ جاكارلىماقتا،
دەپ ئاڭلىغانىدى؛ [24] شۇنىڭدەك ئۇلار مېنىڭ سەۋەبىمدىن خۇدانى
ئۇلۇغلىدى.

## يېرۇسالېمدا تۇرغان روسۇللارنىڭ پاۋلۇسنى ئېتىراپ قىلىشى

2 [1] يەنە بۇنىڭدىن ئون تۆت يىل كېيىن، مەن بارناباس بىلەن
يېرۇسالېمغا چىقتىم؛ تىتۇسنىمۇ ھەمراھ قىلىپ
باردىم. [2] مەن بىر ۋەھىيگە بىنائەن شۇ يەرگە بارغانىدىم؛
ۋە مەن بىكار چاپمىغىنىمنى ياكى بىكار چاپمايۋاتقىنىمنى
جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ ئالدىدا
(ئەمەلىيەتتە پەقەت «جامائەتنىڭ تۈۋرۈكلىرى»دەكلەرگە
ئايرىم ھالدا) ئەللەر ئارىسىدا جاكارلايدىغان خۇش خەۋەرنى

24:1 **«شۇنىڭدەك ئۇلار مېنىڭ سەۋەبىمدىن خۇدانى ئۇلۇغلىدى»** — گرېك تىلىدا «شۇنىڭدەك ئۇلار مەندە خۇدانى ئۇلۇغلىدى».

1:2 **«يەنە بۇنىڭدىن ئون تۆت يىل كېيىن..»** — يەنى بەلكىم ئۇ مەسىھكە ئېتىقاد قىلغاندىن 14 يىل كېيىن. **«مەن بارناباس بىلەن يېرۇسالېمغا چىقتىم؛ تىتۇسنىمۇ ھەمراھ قىلىپ باردىم»** — بىزنىڭچە، بۇ «روس.» 2:15دە تىلغا ئېلىنغان سەپەر ئىدى. بەزى ئالىملار ئۇ زىيارەتنى «روس.» 30:11 ۋە 25:12دە تىلغا ئېلىنغان سەپەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**1:2** روس. 2:15.

**بايان قىلدىم. 3 نەتىجىدە، ھەتتا ماڭا ھەمراھ بولغان تىتۇس**
**يۇنانلىق بولسىمۇ، خەتنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانمىدى؛**
**4 شۇ چاغدىكى «خەتنە» مەسىلىسى» بولسا، بىزنىڭ مەسىھ**
**ئەيسادا مۇيەسسەر بولغان ھۆرلۈكۈمىزنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن**
**ئارىمىزغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان، بىزنى قۇللۇققا چۈشۈرۈشمەكچى**
**بولۇپ، يالغانچىلىق قىلغان ساختا قېرىنداشلار تۈپەيلىدىن**
**بولغانىدى. 5 لېكىن بىز خۇش خەۋىرنىڭ ھەقىقىتى سىلەردىن**
**مەھرۇم قىلىنمىسۇن دەپ ئۇلارغا ھەتتا بىر سائەتچىمۇ يول**
**قويغىنىمىز يوق؛ 6 لېكىن ئابرۇيلۇق ھېسابلانغان ئادەملەردىن**
**بولسا (مېنىڭ ئۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بىلەن كارىم يوق؛ خۇدا**
**ھېچقانداق ئىنساننىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلمايدۇ!) — مۇشۇ**
**ئابرۇيلۇق ئەربابلار دەپ سانالغانلارنىڭ مەندىكى خۇش خەۋەرگە**

2:2 **«مەن بىكار چاپمىغىنىمنى ياكى بىكار چاپمايۋاتقىنىمنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ ئالدىدا ... ئەللەر ئارىسىدا جاكارلايدىغان خۇش خەۋەرنى بايان قىلدىم»** — «بىكار چاپمىغىنىم» ۋە «بىكار چېپىۋاتقىنىم» دېگەن مەنىسى نېمە بولاتتى؟ پاۋلۇس ئۆزىنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلاش خىزمىتىنى «مېنىڭ چېپىشىم» ياكى «يۈگۈرۈشۈم» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ مۇشۇ يەردە باشقا روسۇللار بىلەن كۆرۈشۈشتىكى مەقسىتى ئۇنىڭ يەتكۈزگەن «خۇش خەۋەر»نىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش، شۇنداقلا ئۇلارنىمۇ ئۇنىڭ خىزمىتى توغرۇلۇق خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

**2:2** روس. 21:19.

3:2 **«نەتىجىدە، ھەتتا ماڭا ھەمراھ بولغان تىتۇس يۇنانلىق بولسىمۇ، خەتنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانمىدى»** — «يۇنانلىق» ياكى «گرېك» — يەنى يەھۇدىي ئەمەس، شۇنىڭدەك خەتنە قىلىنغان كىشى ئەمەس.

**3:2** روس. 3:16؛ 1كور. 21:9.

4:2 **«شۇ چاغدىكى «خەتنە مەسىلىسى» بولسا، ... يالغانچىلىق قىلغان ساختا قېرىنداشلار تۈپەيلىدىن بولغانىدى»** — بىزنىڭچە «شۇ چاغدىكى خەتنە مەسىلىسى» (گرېك تىلىدا «بۇ ئىش») يۇقىرىقى 3-ئايەتتە «ماڭا ھەمراھ بولغان تىتۇس يۇنانلىق بولسىمۇ، خەتنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانمىدى» دېيىلگەن ئىش بىلەن باغلىق. دېمەك، ئەينى چاغدا بەزى «يالغانچىلىق قىلغان ساختا قېرىنداشلار» «شۇ يات ئەللىك ئادەم خەتنە قوبۇل قىلمىسا بولمايدۇ» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا كېرەك.

**4:2** روس. 24:15.

**قوشقىنى يوق ئىدى. [7]دەل ئەكسىچە، خۇش خەۋەرنى خەتنە**
**قىلىنغانلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى پېترۇسقا تاپشۇرۇلغاندەك،**
**خەتنىسىزلەرگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ماڭا تاپشۇرۇلغان دەپ**
**تونۇپ يېتىپ [8](چۈنكى پېترۇسنى خەتنىلىكلەرگە روسۇللۇققا**
**كۈچلەندۈرگۈچى بولسا، مېنىمۇ ئەللەرگە روسۇل بولۇشقا كۈ**
**چلەندۈرگەنىدى)، [9]ماڭا ئاتا قىلىنغان شۇ مېھىر-شەپقەتنى**
**تونۇپ يەتكەن «جامائەتنىڭ تۈۋرۈكلىرى» ھېسابلانغان ياقۇپ،**
**كېفاس ۋە يۇھاننالار بولسا، سىلەر ئەللەرگە بېرىڭلار، بىز**
**خەتنىلىكلەرگە بارايلى دەپ بارناباس بىلەن ئىككىمىزگە**
**ھەمدەملىك ئوڭ قولىنى بېرىشتى. [10]ئۇلارنىڭ بىزگە پەقەت**
**كەمبەغەللەرنى ئۇنتۇماڭلار دېگەن بىرلا تەلپى بار ئىدى؛ مەن**
**دەل بۇ ئىشقا قىزغىن بولۇپ كېلىۋاتاتتىم.**

---

6:2 **«لېكىن ئابرۇيلۇق ھېسابلانغان ئادەملەر...»** — پاۋلۇس بۇ سەل كىنايىلىكرەك كۆرۈنگەن گەپنى ئىشلىتىشى بىلەن باشقا روسۇللارغا ياكى جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماقچى ئەمەس، بەلكى گالاتىيالىقلارغا (شۇنداقلا، بىزلەرگە!) ئىنسانلارنى خۇدادىن يۇقىرى قويماسلىق كېرەك، دەپ كۆرسەتمەكچى. **«مۇشۇ ئابرۇيلۇق ئەربابلار دەپ سانالغانلارنىڭ مەندىكى خۇش خەۋەرگە قوشقىنى يوق ئىدى»** — گرېك تىلىدا: «ماڭا ھېچنەرسە قوشمىدى».

**6:2** قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1.

7:2 **«دەل ئەكسىچە، خۇش خەۋەرنى خەتنە قىلىنغانلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى پېترۇسقا تاپشۇرۇلغاندەك، خەتنىسىزلەرگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ماڭا تاپشۇرۇلغان دەپ تونۇپ يېتىپ...»** — مۇشۇ ئايەتلەردىكى «خەتنە قىلىنغانلار» يەھۇدىيلارنى، «خەتنىسىزلەر» يەھۇدىي ئەمەسلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**8:2** روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 16:1؛ ئەف. 8:3.

10:2 **«ئۇلارنىڭ بىزگە پەقەت كەمبەغەللەرنى ئۇنتۇماڭلار دېگەن بىرلا تەلپى بار ئىدى»** — مۇمكىنچىلىكى باركى، روسۇللارنىڭ پاۋلۇسقا «كەمبەغەللەر» توغرۇلۇق بولغان تەلپى ئۆزلىرى ئارىسىدىكى، يېرۇسالېم جامائىتىدىكى كەمبەغەللەرنى تەكىتلەپ كۆرسەتمەكچى.

**10:2** روس. 30:11؛ 17:24؛ رىم. 25:15؛ 1كور. 1:16؛ 2كور. 1:8؛ 1:9.

## پاۋلۇسنىڭ ئانتاكيادا پېترۇسنى ئەيىبلىشى

[11] بىراق، كېيىن پېترۇس ئانتاكيا شەھىرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ
ئەيىبلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاچقا، مەن ئۇنى يۈزتۇرانە
ئەيىبلىدىم. [12] چۈنكى ياقۇپنىڭ يېنىدىن بەزى ئادەملەر
كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ يات ئەللىكلەر بىلەن ھەمداستىخان
بولغانىدى؛ بىراق ئۇلار كەلگەندە، خەتنىلىكلەردىن قورقۇپ شۇ
قېرىنداشلاردىن ئۆزىنى ئايرىپ تارتتى. [13] ھەتتا باشقا يەھۇدىي
قېرىنداشلار ئۇنىڭ بۇ ساختىلىقىغا قوشۇلۇپ كەتتى؛ ھەتتا
بارناباسمۇ ئازدۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ ساختىپەزلىكىگە شېرىك
بولدى. [14] ئەمما مەن ئۇلارنىڭ خۇش خەۋەرنىڭ ھەقىقىتى بويىچە
دۇرۇس ماڭمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممەيلەننىڭ ئالدىدىلا
پېترۇسقا: «سەن يەھۇدىي تۇرۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئادەتلىرى
بويىچە ياشىماي، بەلكى يات ئەللىكلەردەك ياشاۋاتىسەن؛
شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا سەن يات ئەللىكلەرنى يەھۇدىيلاردەك
ياشاشقا زورلىماقچىمۇسەن؟» ــ دېدىم، [15] ۋە يەنە: «بىز ئىككىمىز
تۇغۇلۇشىمىزدىنلا يەھۇدىيمىز، «گۇناھكار دەپ قارالغان يات
ئەللىكلەر»دىن ئەمەسمىز، [16] لېكىن ئىنسان تەۋرات قانۇنىغا

12:2 **«چۈنكى ياقۇپنىڭ يېنىدىن بەزى ئادەملەر كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ يات ئەللىكلەر بىلەن ھەمداستىخان بولغانىدى»** ــ «ياقۇپنىڭ يېنىدىن بەزى ئادەملەر» يېرۇسالېمدىن كەلگەن يەھۇدىي قېرىنداشلار ئىدى. **«بىراق ئۇلار كەلگەندە، خەتنىلىكلەردىن قورقۇپ شۇ قېرىنداشلاردىن ئۆزىنى ئايرىپ تارتتى»** ــ «خەتنىلىكلەردىن قورقۇپ..»: ــ مۇمكىنچىلىكى باركى، مۇشۇ كىشىلەر: «يەھۇدىي ئەمەسلەرمۇ خەتنە قىلىنىشى كېرەك» دەپ ئويلىغان. ئومۇمەن ئېيتقاندا «كونا ئەھدە» بويىچە، يەھۇدىيلارنىڭ ئەسلىدە يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ يېمەكلىكلىرىنى يېيىشكە، ئۇلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇشقا بولمايتتى. **«ئۆزىنى ئايرىپ تارتتى»** ــ گرېك تىلىدا «ئۆزىنى ئايرىپ تارتاتتى».

**14:2** روس. 28:10.

15:2 **«بىز ئىككىمىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا يەھۇدىيمىز، «گۇناھكار دەپ قارالغان يات ئەللىكلەر»دىن ئەمەسمىز...»** ــ پاۋلۇسنىڭ مۇشۇ «گۇناھكار دەپ قارالغان يات ئەللىكلەر» دېگەن سۆزلىرى بىلەن پېترۇسقا يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كۆزقارىشىنى ياكى پوزىتسىيىسىنى ئەسلىتىدۇ. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىمۇ گۇناھكارلار، ئەلۋەتتە!

ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەيسا
مەسىھنىڭ ئېتىقاد-ساداقەتلىكى بىلەن ھەققانىي قىلىنىدۇ
دەپ بىلىمىز. شۇڭا تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىش
بىلەن ئەمەس، بەلكى مەسىھكە باغلانغان ئېتىقاد بىلەن ھەققانىي
قىلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزمۇ مەسىھ ئەيساغا ئېتىقاد قىلدۇق
ــ چۈنكى ھېچ ئەت ئىگىسى تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا
ئىنتىلىشلىرى بىلەن ھەققانىي قىلىنمايدۇ» ــ دېدىم.

[17] ئەمما مەسىھتە ھەققانىي قىلىنىشقا ئىزدەنگىنىمىزدە، بىزمۇ
«گۇناھكار» دەپ ئىسپاتلانغان بولساقمۇ، مەسىھ ئەمدى گۇناھنىڭ
خىزمىتىدە بولغۇچىمۇ؟! ياق، ھەرگىز! [18] ئەمما مەن ئەسلىدە غۇلاتقان
نەرسىلەرنى قايتىدىن قۇرسام، ئۆزۈمنى تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق

---

16:2 **«لېكىن ئىنسان تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقاد-ساداقەتلىكى بىلەن ھەققانىي قىلىنىدۇ دەپ بىلىمىز»** ــ «تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشلىرى بىلەن» دېگەن ئىبارە گرېك تىلىدا ئىنتايىن قىسقارتىلىپ: «قانۇندىكى ئەمەللەر بىلەن...» ياكى «قانۇنغا قارىتىلغان ئەمەللەر بىلەن» ياكى «قانۇندىن چىققان ئەمەللەر» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىبارە «رىم.» 3:20، 28، «گال.» 3:2، 5، 10دىمۇ تېپىلىدۇ. ئىنساننىڭ بارلىق «تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشلىرى» ئۆزىنىڭ گۇناھقا پاتقان بىر گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس. **«ئىنسان...بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقاد-ساداقەتلىكى بىلەن ھەققانىي قىلىنىدۇ...»** ــ ياكى «ئىنسان ... بەلكى ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىش بىلەن ھەققانىي قىلىنىدۇ...». **«مەسىھكە باغلانغان ئېتىقاد بىلەن ھەققانىي قىلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزمۇ مەسىھ ئەيساغا ئېتىقاد قىلدۇق»** ــ «بىزمۇ» ــ پاۋلۇس پېترۇسقا سۆز قىلىۋاتىدۇ، مۇشۇ سۆزى بىلەن ئۇلار ئىككىلىسىنىڭ يەھۇدىيلار ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**16:2** روس. 38:13؛ رىم. 3:20، 28؛ 3:8؛ گال. 3:11؛ ئىبر. 7:18.

17:2 **«ئەمما مەسىھتە ھەققانىي قىلىنىشقا ئىزدەنگىنىمىزدە، بىزمۇ «گۇناھكار» دەپ ئىسپاتلانغان بولساقمۇ، مەسىھ ئەمدى گۇناھنىڭ خىزمىتىدە بولغۇچىمۇ؟! ياق، ھەرگىز!»** ــ «بىزمۇ «گۇناھكار» دەپ ئىسپاتلانغان بولساقمۇ» ــ ھەر ئادەم خۇش خەۋەرگە ئىشەنسە، خۇدانىڭ نىجاتىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى، شۇنداقلا بارلىق گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. بۇ جەھەتتە يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىي ئەمەسلەر ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

**قىلغۇچى دەپ ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن بولىمەن. [19]چۈنكى مەن**
**تەۋرات قانۇنى بىلەن تەۋرات قانۇنىغا نىسبەتەن ئۆلدۈم؛ نەتىجىدە،**
**مەن خۇداغا يۈزلىنىپ ياشاۋاتىمەن. [20]مەن مەسىھ بىلەن بىللە**
**كرېستلەنگەنمەن، لېكىن مانا، ياشاۋاتىمەن! لېكىن ياشاۋاتقىنى**
**مەن ئەمەس، بەلكى مەندە تۇرۇۋاتقان مەسىھدۇر. ۋە مېنىڭ ھازىر**
**ئەتلىرىمدە ياشاۋاتقان ھايات بولسا، مېنى سۆيگەن ۋە مەن ئۈچۈن**
**ئۆزىنى پىدا قىلغان خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ ئىمان-ئېتىقادىدىندۇر.**

18:2 **«ئەمما مەن ئەسلىدە غۇلاتقان نەرسىلەرنى قايتىدىن قۇرسام، ئۆزۈمنى تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچى دەپ ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن بولىمەن»** — «غۇلاتقان نەرسىلەر» توغرۇلۇق: — بۇ ئەسلى تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىرسى ئۆز رېئاللىقىغا ئاساسەن: «مېنىڭ تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلالىشىم قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىكەن» دەپ شۇ تىرىشىشنى تاشلاپ، مەسىھكە ئېتىقاد قىلىش يولى بىلەن ھەققانىيلىققا ئېرىشىسمۇ، لېكىن ئاندىن يەنە قايتىدىن تىرىشىپ، ھەققانىي بولۇش ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا قايتىدىن ئىنتىلسە، بەربىر ئۆزىنىڭ گۇناھكارلىقىنى ئىسپاتلاپ قويىاتتى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
19:2 **«... چۈنكى مەن تەۋرات قانۇنى بىلەن تەۋرات قانۇنىغا نىسبەتەن ئۆلدۈم؛ نەتىجىدە، مەن خۇداغا يۈزلىنىپ ياشاۋاتىمەن»** — بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىككى ئايەت (19-20) توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.
—«خۇداغا يۈزلىنىپ ياشاش» — بۇنىڭ بەلكىم ئۈچ مەنىسى بار بولۇشى مۇمكىن؛ (1) خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ياشاش؛ (2) خۇداغا پۈتۈنلەي تايىنىپ ياشاش (شۇنداق قىلغاندا ئۆلۈم بولمايدۇ)؛ (3) خۇدانىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ياشاش. روسۇل بەلكىم ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ياشاۋاتقان يېڭى ھاياتىمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي نىيەتلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «خۇداغا يۈزلىنىپ ياشاۋاتقان» بولۇشى كېرەك، دېمەكچى بولىدۇ («رىم.» 6:10-11-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).
**19:2** رىم. 4:7؛ 7:14؛ 2كور. 15:5؛ 1تىس. 10:5؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 2:4.
20:2 **«مېنىڭ ھازىر ئەتلىرىمدە ياشاۋاتقان ھايات بولسا، ... خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ ئىمان-ئېتىقادىدىندۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مېنىڭ ھازىر ئەتلىرىمدە ياشاۋاتقان ھايات بولسا... خۇدانىڭ ئوغلىغا بولغان ئېتىقاد بىلەن». ئۆزىمىزنىڭ تەرجىمىمىز توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

[21] مەن خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن؛ چۈنكى
ھەققانىيلىق تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق كېلىدىغان بولسا، مەسىھنىڭ
ئۆلۈشى بىكاردىن-بىكار بولۇپ قالاتتى.

## تەۋرات قانۇنى ۋە ئىمان-ئېتىقاد

3 [1] ئى ئەقىلسىز گالاتىيالىقلار، كۆز ئالدىڭلاردا ئەيسا مەسىھ ئېنىق
سۈرەتلەنگەن، ئاراڭلاردا كرېستلەنگەندەك كۆرۈنگەنىكەن، كىم
سىلەرنى ھەقىقەتكە ئىتائەت قىلىشتىن ئازدۇرۇپ سېھىرلىدى؟
[2] مەن پەقەت شۇنىلا سىلەردىن سوراپ بىلەيكى: — سىلەر روھنى
تەۋرات قانۇنىغا ئىنتىلىش ئارقىلىق قوبۇل قىلدىڭلارمۇ، ياكى

---

**20:2** گال. 1:4؛ ئەف. 2:5؛ تىت. 14:2.

21:2 **«مەن خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن؛ چۈنكى ھەققانىيلىق تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق كېلىدىغان بولسا، مەسىھنىڭ ئۆلۈشى بىكاردىن-بىكار بولۇپ قالاتتى»** — ئەگەر ئادەملەر تىرىشىپ-تىرمىشىپ تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلالىغان ياكى قىلالايدىغان بولسا، شۇنداقلا ئۆزىنى ھەققانىي ئادەم دەپ ئىسپاتلىسا، نېمىشقا ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى قۇربانلىق قىلدى؟ ئۇنداق بولغاندا ئىنسانلار گۇناھلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە موھتاج بولمىغان بولاتتى؛ يەنى، مەسىھنىڭ ئادەمنى گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزۇپ نىجات يولىنى ئېچىش ئۈچۈن بولغان ئۆلۈشى بىكار بولاتتى (مەسىھنىڭ ئۆلۈشى ئەسلى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى؛ بۇ تارىختا ئەڭ كارامەت، ئالەمشۇمۇل ئاجايىب ۋەقە ئىدى؛ چۈنكى ئۇ ئۆزى ««ھايات ئۆزۈمدۇرمەن»، «تىرىلىش ئۆزۈمدۇرمەن» دېگەنىدى؛ «ھايات» بولغۇچى قانداقمۇ ئۆلسۇن؟).

**21:2** ئىبر. 11:7.

1:3 **«ئى ئەقىلسىز گالاتىيالىقلار، كۆز ئالدىڭلاردا ئەيسا مەسىھ ئېنىق سۈرەتلەنگەن، ئاراڭلاردا كرېستلەنگەندەك كۆرۈنگەنىكەن، كىم سىلەرنى ھەقىقەتكە ئىتائەت قىلىشتىن ئازدۇرۇپ سېھىرلىدى»** — «ئەيسا مەسىھ ... ئاراڭلاردا كرېستلەنگەندەك كۆرۈنگەنىكەن» دېگەن سۆزلەر توغرۇلۇق ئىككى كۆزقاراش بار. (1) پاۋلۇس خۇش خەۋەردە ئەيسا توغرۇلۇق پاكىتلارنى شۇنچە ئېنىق يەتكۈزۈپ جاكارلىغاچقا، ئاڭلىغۇچىلار «نەق مەيداندا تۇرغاندەك، ئۆز كۆزى بىلەن گۇۋاھچى بولغاندەك» بولغانلىقىنى ياكى: (2) پاۋلۇسنىڭ كېچە-كۈندۈز ئۆز ھاياتى ئارقىلىق مەسىھنىڭ كرېستلەنگەنلىكىنى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (1:16، 2:20نى كۆرۈڭ). بىزنىڭچە ئىككىلا كۆزقاراش توغرا.

**1:3** گال. 7:5.

خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئېتىقاد ئارقىلىق قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟ 3 سىلەر
شۇنچە ئەقىلسىزمۇ؟ روھقا تايىنىپ ھاياتنى باشلىغانىكەنسىلەر،
ئەمدىلىكتە ئەت ئارقىلىق كامالەتكە يەتمەكچىمۇ؟ 4 سىلەر ئېتىقاد
يولىدا بولغان شۇنچە كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بىكارغا تارتتىڭلارمۇ؟
دەرۋەقە بىكارغا كەتتىغۇ؟! 5 سىلەرگە روھنى تەمىنلىگۈچى، ئاراڭلاردا
مۆجىزىلەرنى يارىتىۋاتقۇچى بۇ كارامەتلەرنى سىلەرنىڭ تەۋرات
قانۇنىغا ئىنتىلىپ تايانغىنىڭلاردىن قىلامدۇ، ياكى ئاڭلىغان
خەۋەرگە باغلىغان ئىشەنچ-ئېتىقادىڭلاردىن قىلامدۇ؟
6 مۇقەددەس يازمىلاردا دېيىلگەندەك: «ئىبراھىم خۇداغا ئېتىقاد
قىلدى؛ بۇ ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى ھېسابلاندى». 7 شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنى
چۈشىنىشىڭلار كېرەككى، ئېتىقادتىن تۇغۇلغانلارلا ئىبراھىمنىڭ
ھەقىقىي پەرزەنتلىرىدۇر. 8 مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدانىڭ يات
ئەللىكلەرنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىشى ئارقىلىق ئۇلارنى ھەققانىي
قىلىدىغانلىقى ئالدىنئالا كۆرۈلۈپ، خۇدانىڭ ئىبراھىمغا: «سەندە
بارلىق ئەل-مىللەتلەرگە بەخت ئاتا قىلىنىدۇ» دەپ خۇش خەۋەرنى

---

2:3 **«سىلەر روھنى تەۋرات قانۇنىغا ئىنتىلىش ئارقىلىق قوبۇل قىلدىڭلارمۇ، ياكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئېتىقاد ئارقىلىق قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟»** — «روھ» خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى كۆرسىتىدۇ.

3:3 **«سىلەر شۇنچە ئەقىلسىزمۇ؟ روھقا تايىنىپ ھاياتنى باشلىغانىكەنسىلەر، ئەمدىلىكتە ئەت ئارقىلىق كامالەتكە يەتمەكچىمۇ؟»** — «روھقا تايىنىپ» — گرېك تىلىدا «روھتا» (خۇدانىڭ روھىدا، ئەلۋەتتە). **«ئەمدىلىكتە ئەت ئارقىلىق كامالەتكە يەتمەكچىمۇ؟»** — «ئەت ئارقىلىق» ياكى «ئىنسانىي ئەتلەر ئارقىلىق» — دېمەك، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئەمەس، نىجاتىغا ئەمەس، بەلكى ئۆز كۈچىگە، تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلىشلارغا تايىنىشتىن ئىبارەت.

5:3 **«سىلەرگە روھنى تەمىنلىگۈچى»** — «روھ» — مۇقەددەس روھ، خۇدانىڭ روھى. «سىلەرگە روھنى تەمىنلىگۈچى» خۇداتائالانىڭ ئۆزى.

**6:3** يار. 6:15؛ رىم. 3:4؛ ياق. 23:2.

7:3 **«... ئېتىقادتىن تۇغۇلغانلارلا ئىبراھىمنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرىدۇر»** — گرېك تىلىدا «ئېتىقادتىن بولغانلار...» — دېمەك، مەسىھ ئەيساغا ئېتىقاد باغلاپ «قايتىدىن تۇغۇلغان»لار، ئىبراھىمنىڭ ئىزلىرىنى باسقانلار.

ئالدىن ئېيتقانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. [9] شۇنىڭ بىلەن، ئېتىقادتىن
بولغانلار ئېتىقاد قىلغۇچى ئىبراھىم بىلەن تەڭ بەخت تاپىدۇ.
[10] لېكىن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىمىز دەپ يۈرگەنلەر بولسا
ھەممىسى لەنەتكە قالىدۇ. چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق
يېزىلغان: «تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغان ھەممە ئەمرلەرگە ئۈزلۈكسىز
ئەمەل قىلمايۋاتقان ھەربىر كىشى لەنەتكە قالىدۇ». [11] يەنە
روشەنكى، ھېچكىم خۇدانىڭ ئالدىدا قانۇنغا ئىنتىلىش ئارقىلىق
ھەققانىي قىلىنمايدۇ؛ چۈنكى مۇقەددەس كىتابتا يېزىلغىنىدەك: ــ
«ھەققانىي ئادەم ئىشەنچ-ئېتىقادى بىلەن ھايات بولىدۇ». [12] ئەمما
قانۇن يولى ئېتىقاد يولىغا ئاساسلانغان ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس
كىتابتا: ــ «قانۇننىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلغۇچى شۇ ئىشلار بىلەن
ھايات بولىدۇ» دېيىلگەندەكتۇر. [13] ھالبۇكى، مەسىھ بىزنى تەۋرات
قانۇنىدىكى لەنەتتىن ھۆر قىلىش ئۈچۈن ئورنىمىزدا لەنەت بولۇپ
بەدەل تۆلىدى. بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلاردا: «ياغاچقا ئېسىلغان

---

8:3 **«مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدانىڭ يات ئەللىكلەرنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىشى ئارقىلىق ئۆلارنى ھەققانىي قىلىدىغانلىقى ئالدىنئالا كۆرۈلۈپ...»** ــ «يات ئەللىكلەر» ــ يەھۇدىي ئەمەسلەر. **«سەندە بارلىق ئەل-مىللەتلەرگە بەخت ئاتا قىلىنىدۇ»** ــ «يار.» 3:12.

**8:3** يار. 3:12؛ 18:18؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ روس. 25:3.

10:3 **«لېكىن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىمىز دەپ يۈرگەنلەر بولسا ھەممىسى لەنەتكە قالىدۇ»** ــ «تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىمىز دەپ يۈرگەنلەر» ــ مۇشۇ يول بىلەن ئۆزلىرىنى ھەققانىي دەپ ئىسپاتلايمىز دەيدىغانلار، ئەلۋەتتە. **«تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغان ھەممە ئەمرلەرگە ئۈزلۈكسىز ئەمەل قىلمايۋاتقان ھەربىر كىشى لەنەتكە قالىدۇ»** ــ «قان.» 26:27. ئەلۋەتتە، ھېچكىم تەۋرات قانۇنىنىڭ ئەمرلىرىگە «ئۈزلۈكسىز ئەمەل قىلالمايدۇ» ــ شۇڭا ھەممە كىشى، يەھۇدىي بولسۇن، يەھۇدىي ئەمەس بولسۇن، مەسىھسىز بولسا لەنەت ئاستىدا تۇرىدۇ.

**10:3** قان. 26:27.

11:3 **«ھەققانىي ئادەم ئىشەنچ-ئېتىقادى بىلەن ھايات بولىدۇ»** ــ «ھاب.» 4:2.

**11:3** ھاب. 4:2؛ رىم. 17:1؛ 20:3؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 38:10

12:3 **«قانۇننىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلغۇچى شۇ ئىشلار بىلەن ھايات بولىدۇ»** ــ «لاۋ.» 5:18. ھېچكىم تەۋرات قانۇنىنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**12:3** لاۋ. 5:18؛ ئەز. 11:20؛ رىم. 5:10.

ھەربىر كىشى لەنەتكە قالغان ھېسابلانسۇن» دەپ يېزىلغان.
[14] شۇنىڭ بىلەن مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق ئىبراھىمغا ئاتا قىلىنغان بەخت يات ئەللىكلەرگىمۇ كەلتۈرۈلۈپ، بىز ۋەدە قىلىنغان روھنى ئېتىقاد ئارقىلىق قوبۇل قىلالايمىز.

## تەۋرات قانۇنى ۋە خۇدانىڭ ۋەدىسى

[15] قېرىنداشلار، مەن ئىنسانلارچە سۆزلەيمەن؛ ھەتتا ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئەھدە تۈزۈلسىمۇ، باشقا ھېچكىم ئۇنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ ياكى ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە قوشالمايدۇ.
[16] شۇنىڭدەك، خۇدانىڭ ئەھدىسىدىكى ۋەدىلەر ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ نەسلىگە ئېيتىلغان. مۇقەددەس كىتابتا ئۇ: «ۋە سېنىڭ نەسىللىرىڭگە»، (يەنى، كۆپ كىشىلەرگە) دېمەيدۇ، بەلكى «سېنىڭ نەسلىڭگە»، (يەنى يالغۇز بىر كىشىگىلا)، دەيدۇ ــ بۇ «نەسىل»
مەسىھدۇر. [17] مەن شۇنى دېمەكچىمەنكى، خۇدانىڭ مەسىھكە ئالدىن تۈزگەن بىر ئەھدىسىنى تۆت يۈز ئوتتۇز يىلدىن كېيىن

---

13:3 **«ھالبۇكى، مەسىھ بىزنى تەۋرات قانۇنىدىكى لەنەتتىن ھۆر قىلىش ئۈچۈن ئورنىمىزدا لەنەت بولۇپ بەدەل تۆلىدى»** ــ گرېك تىلىدا: «ھۆر قىلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەش» ياكى «قۇتۇلدۇرۇپ بەدەل تۆلەش» دېگەن ئىبارىلەر ئادەتتە قۇللارنى بازاردىن قايتىدىن سېتىۋېلىپ، ھۆر قىلىش»نى كۆرسىتىدۇ. **«ياغاچقا ئېسىلغان ھەربىر كىشى لەنەتكە قالغان ھېسابلانسۇن»** ــ «قان.» 24:21.

**13:3** قان. 23:21؛ رىم. 8:3؛ 2كور. 21:5.

15:3 **«مەن ئىنسانلارچە سۆزلەيمەن»** ــ مۇشۇ ئىبارە بەلكىم «ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن بىر مىسال كۆرسىتەي»، دېگىنى بولسا كېرەك.

**15:3** ئىبر. 17:9.

16:3 **«شۇنىڭدەك، خۇدانىڭ ئەھدىسىدىكى ۋەدىلەر ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ نەسلىگە ئېيتىلغان. مۇقەددەس كىتابتا ئۇ: «ۋە سېنىڭ نەسىللىرىڭگە»، يەنى، كۆپ كىشىلەرگە دېمەيدۇ، بەلكى «سېنىڭ نەسلىڭگە»، يەنى يالغۇز بىر كىشىگىلا، دەيدۇ ــ بۇ «نەسىل» مەسىھدۇر»** ــ بۇ ۋەدە تەۋرات، «يار.» 7:12 ۋە 15:13، 7:17، 7:24دە تېپىلىدۇ. دېمىسەكمۇ، مەسىھ يەھۇدىيلاردىن بولۇپ، ئۇ ئىبراھىمنىڭ نەسلى، ئەلۋەتتە.

**16:3** گال. 8:3.

چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ، خۇدانىڭ بۇ
ۋەدىسىنى ھېچ بىكار قىلالمايدۇ. [18] چۈنكى ۋەدە قىلىنغان مىراس
قانۇنغا ئاساسلانغان بولسا، مانا ئۇ خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئاساسلانغان
بولمايتتى؛ لېكىن خۇدا شاپائەت بىلەن ئۇنى ئىبراھىمغا ۋەدە
ئارقىلىق ئاتا قىلغان.
[19] ئۇنداقتا، تەۋرات قانۇنىنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت نېمە؟ ئۇ بولسا،
ئىنسانلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن، خۇدانىڭ مىراسى ۋەدە
قىلىنغۇچى، يەنى ئىبراھىمنىڭ نەسلى دۇنياغا كەلگۈچە قوشۇمچە
قىلىپ بېرىلگەن؛ ئۇ پەرىشتىلەر ئارقىلىق بىر ۋاستىچىنىڭ
قولى بىلەن بېكىتىلىپ يولغا قويۇلغان. [20] ئەمما «ۋاستىچى» بىر
تەرەپنىڭلا ۋاستىچىسى ئەمەس (بەلكى ئىككى تەرەپنىڭكىدۇر)،
لېكىن خۇدا ئۆزى پەقەت بىردۇر. [21] ئۇنداقتا، تەۋرات قانۇنى خۇدانىڭ

---

17:3 **«خۇدانىڭ مەسىھكە ئالدىن تۈزگەن بىر ئەھدىسى»** — «مەسىھكە» — دېمەك، مەسىھ «ئىبراھىمنىڭ نەسلى»نىڭ سۈپىتىدە بولۇپ ئەھدە شۇ چاغدا ئۇنىڭغا تۈزگەن.
—بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «مەسىھكە» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ.

**17:3** يار. 13:15؛ مىس. 40:12؛ روس. 6:7.

18:3 **«چۈنكى ۋەدە قىلىنغان مىراس قانۇنغا ئاساسلانغان بولسا، مانا ئۇ خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئاساسلانغان بولمايتتى؛ لېكىن خۇدا شاپائەت بىلەن ئۇنى ئىبراھىمغا ۋەدە ئارقىلىق ئاتا قىلغان»** — «ۋەدە قىلىنغان مىراس» ئىبراھىمغا ۋەدە قىلىنغان كۆپ تەرەپلىك بەختنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**18:3** رىم. 14:4.

19:3 **«تەۋرات قانۇنىنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت نېمە؟... ئۇ پەرىشتىلەر ئارقىلىق بىر ۋاستىچىنىڭ قولى بىلەن بېكىتىلىپ يولغا قويۇلغان»** — «بىر ۋاستىچى» شۈبھىسىزكى، مۇسا پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ.
—بۇ مۇھىم 19-ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. «تەۋرات قانۇنى... ئىنسانلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن» — بۇ سۆزنىڭ كۆپ جەھەتلىرى بار — «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئۇ توغرۇلۇق توختىلىمىز.

**19:3** قان. 5:5؛ يۇھ. 17:1؛ 22:15؛ روس. 38:7، 53؛ رىم. 15:4؛ 20:5؛ 8:7.

20:3 **«ئەمما «ۋاستىچى» بىر تەرەپنىڭلا ۋاستىچىسى ئەمەس بەلكى ئىككى تەرەپنىڭكىدۇر، لېكىن خۇدا ئۆزى پەقەت بىردۇر»** — بۇ ئايەتكە بېرىلگەن بىرنەچچە شەرھ بار. مەنىسى بەلكىم: «ئىككى ئادەم كېلىشىم تۈزگەندە، بىر ۋاستىچى بولۇش كېرەك.

**ۋەدىلىرىگە زىتمۇ؟ ياق، ھەرگىز! ئەگەر بىرەر قانۇن ئىنسانلارنى**
**ھاياتلىققا ئېرىشتۈرەلەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھەققانىيلىق جەزمەن**
**شۇ قانۇنغا ئاساسلانغان بولاتتى. [22] ھالبۇكى، مۇقەددەس يازمىلار**
**پۈتكۈل ئالەمنى گۇناھنىڭ ئىلكىگە قاماپ قويغان؛ بۇنىڭدىكى**
**مەقسەت، ئەيسا مەسىھنىڭ ساداقەت-ئېتىقادى ئارقىلىق ۋەدىنىڭ**
**ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا بېرىلىشى ئۈچۈندۇر. [23] لېكىن ئېتىقاد يولى**
**كېلىپ ئاشكارە بولغۇچە، بىز تەۋرات قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىپ،**
**ئاشكارە بولىدىغان ئېتىقادنى كۈتۈشكە قاماپ قويۇلغانىدۇق. [24] شۇ**
**تەرىقىدە، بىزنىڭ ئېتىقاد ئارقىلىق ھەققانىي قىلىنىشىمىز ئۈچۈن**
**تەۋرات قانۇنى بىزگە «تەربىيىلىگۈچى» بولۇپ، بىزنى مەسىھكە يېتەكلىدى. [25] لېكىن ئېتىقاد يولى ئاشكارا بولۇپ، بىز ئەمدى يەنە**
**«تەربىيىلىگۈچى»نىڭ نازارىتىدە ئەمەسمىز. [26] چۈنكى ھەممىڭلار**
**مەسىھ ئەيساغا ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق خۇدانىڭ ئوغۇللىرى بولدۇڭلار. [27] چۈنكى ھەرقايسىڭلار مەسىھكە كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلگەن**

---

لېكىن، خۇدا ئۆز ئەھدىسىنى ئىبراھىمغا بەرگەندە، ئۇنى ۋاستىچىسىز بەرگەن، ئۇ ساپ خۇدانىڭ قولىدىن كەلگەن؛ شۇڭا بۇ ئەھدە بەرىبىر تەۋرات قانۇنىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەندەك بولىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئۇمۇ توغرۇلۇق توختىلىمىز.

**22:3** رىم. 9:3؛ 32:11.

24:3 **«بىزنىڭ ئېتىقاد ئارقىلىق ھەققانىي قىلىنىشىمىز ئۈچۈن تەۋرات قانۇنى بىزگە «تەربىيىلىگۈچى» بولۇپ،..»** ــ «تەربىيىلىگۈچى» گرېك تىلىدا «پېداگوگ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**24:3** مات. 17:5؛ روس. 38:13؛ رىم. 4:10.

26:3 **«... چۈنكى ھەممىڭلار مەسىھ ئەيساغا ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق خۇدانىڭ ئوغۇللىرى بولدۇڭلار»** ــ بۇ مۇھىم 23-26-ئايەتلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە، يۇقىرىقى 19:3-ئايەت ئۈستىدە توختالغىنىمىزنى كۆرۈڭ.

**26:3** يەش. 5:56؛ يۇھ. 12:1؛ رىم. 15:8؛ گال. 5:4.

بولساڭلار، مەسىھنى كىيىۋالغان بولدۇڭلار. [28] مەسىھدە نە يەھۇدىي بولمايدۇ نە گرېك بولمايدۇ، نە قۇل بولمايدۇ نە ھۆر بولمايدۇ، نە ئەر بولمايدۇ نە ئايال بولمايدۇ، ھەممىڭلار مەسىھ ئەيسادا بىر بول بىسلەر. [29] سىلەر مەسىھكە مەنسۇپ بولغانىكەنسىلەر، سىلەرمۇ ئىبراھىمنىڭ نەسلى بولىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان بەخت-سائادەتكە مىراسخوردۇرسىلەر.

## داۋامى

4 [1-2] يەنە شۇنى ئېيتىمەنكى: گەرچە بىر بالا پۈتۈن مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولسىمۇ، مىراسخور گۆدەك ۋاقتىلىرىدا تاكى ئاتىسى بەلگىلىگەن ۋاقىت توشمىغۇچە، ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى قۇلدىن پەرقى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ يەنىلا خوجدارلار ۋە بالا باققۇچىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. [3] شۇنىڭغا ئوخشاش، بىزمۇ گۆدەك ۋاقتىمىزدا، بۇ دۇنيادىكى «ئاساسىي قائىدە-قانۇنىيەتلەر» ئاستىدا قۇل بولغان

---

27:3 **«چۈنكى ھەرقايسىڭلار مەسىھكە كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلگەن بولساڭلار، مەسىھنى كىيىۋالغان بولدۇڭلار»** — دېمەك، مەسىھكە ئېتىقاد قىلىپ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا باغلانغان بولساق، ئۇنىڭ تەبىئىتىنى ئىگىلەيمىز، شۇنىڭ بىلەن «مەسىھكە مەنسۇپ ئادەم» بىزنىڭ ئاساسىي سالاھىيىتىمىز بولىدۇ.

**27:3** رىم. 3:6.

28:3 **«مەسىھدە نە يەھۇدىي بولمايدۇ نە گرېك بولمايدۇ... ھەممىڭلار مەسىھ ئەيسادا بىر بولىسىلەر»** — «گرېك» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە «يەھۇدىي ئەمەس»، «يات ئەللىكلەر»نى بىلدۈرىدۇ.

**28:3** يۇھ. 21:17.

**29:3** يار. 12:21؛ رىم. 7:9؛ ئىبر. 18:11.

2-1:4 **«... گەرچە بىر بالا پۈتۈن مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولسىمۇ، مىراسخور گۆدەك ۋاقتىلىرىدا تاكى ئاتىسى بەلگىلىگەن ۋاقىت توشمىغۇچە، ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى قۇلدىن پەرقى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ يەنىلا خوجدارلار ۋە بالا باققۇچىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ»** — «خوجدار» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى يۇقىرىقى «تەربىيىلىگۈچى» دېگەن سۆزگە يېقىن.

ىدۇق. 4 لېكىن، ۋاقىت-سائىتى تولۇق توشقاندا، خۇدا ئۆز ئوغلىنى بۇ
دۇنياغا ئەۋەتتى. ئۇ بىر ئايال كىشىدىن تۇغۇلغان، شۇنىڭدەك تەۋرات
قانۇنى ئاستىدا تۇغۇلغانىدى. 5 بۇنىڭدىكى مەقسەت، خۇدا تەۋرات
قانۇنى ئاستىدا ياشىغان بىزلەرنى بەدەل تۆلەپ ھۆرلۈككە چىقىرىپ،
بىزنىڭ ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىنىشىمىز ئۈچۈندۇر. 6 ھەم سىلەر ئۆز
ئوغۇللىرى بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇدا ئۆز ئوغلىنىڭ: «ئاببا! ئاتام!»
دەپ چاقىرغۇچى روھىنى ئەۋەتىپ قەلبىمىزگە سالدى. 7 شۇنىڭ ئۈچۈن،
سىلەر ھازىر قۇل ئەمەس، بەلكى ئوغۇللىرىدۇرسىلەر؛ ئوغۇللىرى
بولغانىكەنسىلەر، خۇدا ئارقىلىق ئۆزىگە مىراسخور بولىسىلەر.

3:4 **«بۇ دۇنيادىكى «ئاساسىي قائىدە-قانۇنىيەتلەر»** ــ بەزى ئالىملار مۇشۇ سۆزنى يامان روھلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن «كولوسسىلىقلارغا»دىكى «كول.» 2:8، 20 توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز باشقىچە چۈشەندۈرىمىز.

4:4 **«لېكىن، ۋاقىت-سائىتى تولۇق توشقاندا، خۇدا ئۆز ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى. ئۇ بىر ئايال كىشىدىن تۇغۇلغان، شۇنىڭدەك تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇغۇلغانىدى»** ــ «تەۋرات قانۇنى ئاستىدا تۇغۇلغانىدى» دېگەن ئىبارە «ئەيسا مەسىھ تەۋرات قانۇنىغا بويسۇنۇپ ياشىغان» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«خۇدا ئۆز ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى»** ــ گرېك تىلىدا «خۇدا ئۆز ئوغلىنى ئۆزىدىن بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى».

**4:4** يار. 16:15؛ 10:49؛ دان. 24:9؛ مات. 17:5.

**5:4** يۇھ. 12:1؛ گال. 26:3.

6:4 **«ھەم سىلەر ئۆز ئوغۇللىرى بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇدا ئۆز ئوغلىنىڭ: «ئاببا! ئاتام!» دەپ چاقىرغۇچى روھىنى ئەۋەتىپ قەلبىمىزگە سالدى»** ــ ئىبرانىي تىلىدا «ئاببا» «دادام»نى بىلدۈرىدۇ، «ئاببا! ئاتام!» «ئى سۆيۈملۈك ئاتام!» دېگەن گەپ.

**6:4** رىم. 15:8.

7:4 **«شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر ھازىر قۇل ئەمەس، بەلكى ئوغۇللىرىدۇرسىلەر»** ــ گرېك تىلىدا بۇ ئايەتتىكى «سىلەر» «سەن» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. **«ئوغۇللىرى بولغانىكەنسىلەر، خۇدا ئارقىلىق ئۆزىگە مىراسخور بولىسىلەر»** ــ «خۇدا ئارقىلىق ئۆزىگە مىراسخور بولىسىلەر» بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «مەسىھ ئارقىلىق خۇدانىڭ ئۆزىگە مىراسخور بولىسىلەر» دېيىلىدۇ.

## پاۋلۇسنىڭ گالاتىيالىقلاردىن ئەندىشە قىلىشى

[8]بۇرۇن، خۇدانى تونۇمىغان ۋاقتىڭلاردا دەرۋەقە يالغان ئىلاھلارنىڭ
قۇللۇقىغا تۇتۇلغانسىلەر. [9]ئەمدىلىكتە، هازىر ھەقىقىي خۇدانى
تونۇغانىكەنسىلەر، ــ ياكى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، خۇدا
تەرىپىدىن تونۇلغانىكەنسىلەر، ئەمدى سىلەر نېمە دەپ بۇ دۇنيادىكى
كۈچسىز، ئەبجەق ئەرزىمەس «ئاساسىي قائىدە-قانۇنىيەتلەر»گە قاراپ
يانىسىلەر؟ ئۇلارنىڭ قۇللۇقىغا يېڭىۋاشتىن قايتىشنى خالامسىلەر؟
[10]سىلەر ئالاھىدە كۈن، ئاي، پەسىل ۋە يىللارنى ئېتىۋارغا ئېلىپ
خاتىرىلەشكە باشلىدىڭلار! [11]مەن ئىلگىرى سىلەرگە سىڭدۈرگەن
ئەجرىم بىكار كېتەرمىكىن، دەپ سىلەر ئۈچۈن ئەنسىرەۋاتىمەن.
[12]قېرىنداشلار، مەن شۇنى سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، ماڭا ئوخشاش
بولۇڭلار؛ چۈنكى مەن سىلەرگە ئوخشاش بولدۇم. سىلەر ئەسلىدە
ماڭا ھېچ ئازار يەتكۈزمىگەنىدىڭلار. [13]ئەمما سىلەرگە مەلۇمكى،

---

8:4 **«بۇرۇن، خۇدانى تونۇمىغان ۋاقتىڭلاردا دەرۋەقە يالغان ئىلاھلارنىڭ قۇللۇقىغا تۇتۇلغانسىلەر»** ــ «يالغان ئىلاھلار» گرېك تىلىدا «ئەينىيىتى ئىلاھ ئەمەسلەر» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**8:4** 1كور. 8:4.

9:4 **«ئەمدى سىلەر نېمە دەپ بۇ دۇنيادىكى كۈچسىز، ئەبجەق ئەرزىمەس «ئاساسىي قائىدە-قانۇنىيەتلەر»گە قاراپ يانىسىلەر؟»** ــ «ئەبجەق ئەرزىمەس» ــ گرېك تىلىدا «تىلەمچىلىككە ئائىت» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**9:4** كول. 2:20.

10:4 **«سىلەر ئالاھىدە كۈن، ئاي، پەسىل ۋە يىللارنى ئېتىۋارغا ئېلىپ خاتىرىلەشكە باشلىدىڭلار!»** ــ مۇشۇ ئايەتتىكى «كۈن، ئاي، پەسىل ۋە يىللار» بولسا بەلكىم تەۋرات قانۇنىدا يەھۇدىيلار ئۈچۈن بېكىتىلگەن ھېيتلارنى ھەم يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىلىرى بويىچە ئۆتكۈزىدىغان ھېيتلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەيلى يەھۇدىيلارنىڭكى بولسۇن بولمىسۇن، پرىنسىپ ئوخشاش، ئېتىقادچىلار ئۈچۈن ھېچقانداق ئالاھىدە كۈن-ھېيتلارنى خاتىرىلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

**10:4** رىم. 5:14؛ كول. 2:16.

12:4 **«قېرىنداشلار، ... ماڭا ئوخشاش بولۇڭلار؛ چۈنكى مەن سىلەرگە ئوخشاش بولدۇم»** ــ پاۋلۇس ئۆزى يەھۇدىي بولسىمۇ، تەۋرات قانۇنىنىڭ (ھەققانىيلىققا ئائىت تەلەپلىرىدىن باشقا) بارلىق ئەمرلىرىدىن (مەسىھنىڭ نىجاتى بىلەن) ئازاد بولۇپ مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياشىغان؛ شۇڭا ئۇ گالاتىيالىقلاردىن: «ماڭا ئوخشاش بولۇڭلار» دەپ ئۆتۈنىدۇ؛ «چۈنكى مەن سىلەرگە

ئەتلىرىمدىكى بىر زەئىپلىك تۈپەيلىدىن، مەن خۇش خەۋەرنى
سىلەرگە بىرىنچى قېتىم يەتكۈزگەنىدىم. 14 ئۇ چاغدا، ئەتلىرىمدىكى
بۇ زەئىپلىك سىلەرگە نىسبەتەن سىناقتەك بولسىمۇ، لېكىن سىلەر
مېنى كەمسىتمىدىڭلار ياكى چەتكە قاقمىدىڭلار. ئەكسىچە،
مېنى خۇدا ئەۋەتكەن بىر پەرىشتىنى، ھەتتا مەسىھ ئەيسا ئۆزىنى
كۈتكەندەك كۈتۈۋالدىڭلار. 15 ئۇ چاغدىكى بەخت-بەرىكىتىڭلار
ئەمدى نەگە كەتتى؟! مەن سىلەرگە گۇۋاھچى بولۇپ ئېيتالايمەنكى، ئۇ
چاغدا سىلەر مۇمكىن بولسا، ماڭا كۆزلىرىڭلارنى ئويۇپ بېرىشكىمۇ
رازى ئىدىڭلار! 16 ئەمدىلىكتە، سىلەرگە ھەقىقەتنى سۆزلىگەنلىكىم
ئۈچۈن دۈشمىنىڭلارغا ئايلىنىپ قالدىممۇ؟

ئوخشاش بولدۇم» — دېمەك، ئۇ يەھۇدىي ئەمەسلەردەك (گالاتىيالىقلاردەك) تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلەپلىرىدىن مۇستەسنا بولدى. لېكىن گالاتىيالىقلار يەھۇدىيلاردەك بولىمىز دەپ ئۆزلىرىنى تەۋرات قانۇنىنىڭ بارلىق تەلەپلىرى ئاستىغا قويماقچى ئىدى! **«سىلەر ئەسلىدە ماڭا ھېچ ئازار يەتكۈزمىگەنىدىڭلار»** — دېمەك، پاۋلۇس ئۇلارغا ھازىرلا ئېيتقان قاتتىق گېپىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قانداقتۇر بىر زىيان ياكى ئازار يەتكۈزگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئېيتقان ئەمەس، دەيدۇ (5-15-ئايەتلەردە ئۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئۆزىگە كۆرسەتكەن چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئەسلەيدۇ)، بەلكى ئۇلارنى كۆزلەپ: «سىلەر ئۆز-ئۆزلىرىڭلارغا ئازار بېرىۋاتىسىلەر» دەپ ئاگاھ بېرىش ئۈچۈن ئېيتىدۇ.

13:4 **«ئەمما سىلەرگە مەلۇمكى، ئەتلىرىمدىكى بىر زەئىپلىك تۈپەيلىدىن، مەن خۇش خەۋەرنى سىلەرگە بىرىنچى قېتىم يەتكۈزگەنىدىم»** — «ئەتلىرىمدىكى بىر زەئىپلىك تۈپەيلىدىن» — بۇ سۆزدىن قارىغاندا، پاۋلۇس بەلكىم كېسەل سەۋەبىدىن گالاتىيادا دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. مۇمكىنچىلىكى باركى، بۇ كېسەل ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن باغلىق بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىنى ئىنتايىن سەت قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى (14-ئايەت). 14-15-ئايەت، 11:6 ۋە «2كور.» 7:12-10نىمۇ كۆرۈڭ. پاۋلۇس ئادەتتە خەتلىرىنى پۈتۈكچى ئارقىلىق يازاتتى (مەسىلەن، «رىم.» 22:16).

14:4 **«ئۇ چاغدا، ئەتلىرىمدىكى بۇ زەئىپلىك سىلەرگە نىسبەتەن سىناقتەك بولسىمۇ، لېكىن سىلەر مېنى كەمسىتمىدىڭلار ياكى چەتكە قاقمىدىڭلار. ئەكسىچە، مېنى خۇدا ئەۋەتكەن بىر پەرىشتىنى، ھەتتا مەسىھ ئەيسا ئۆزىنى كۈتكەندەك كۈتۈۋالدىڭلار»** — پاۋلۇسنىڭ بۇ كۆز كېسىلى يەنە بىر تەرەپتىن قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى — ئۇ خۇش خەۋەرنىڭ يولىدا كۆپ ئادەملەرنىڭ كېسەللىرىنى دۇئا قىلىپ ساقايتتى؛ ئۇلارنىڭ ساقايتىلىشى ئارقىلىق كۆپ ئادەملەر خۇش خەۋەرگە ئىشەندى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىدە كېسەل بولغاچقا، بۇ ئىش ئۇنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا مازاققا قالدۇرۇش ئېھتىماللىقى بولامدۇ، قانداق؟

**14:4** مال. 7:2؛ مات. 40:10؛ يۇھ. 20:13.

17 مەن ئېيتىپ ئۆتكەن ھېلىقى ئادەملەر سىلەرگە قىزغىنلىق كۆرسىتىدۇ، ئەمما نىيىتى دۇرۇس ئەمەس؛ ئۇلار پەقەت سىلەرنى نىجاتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ، قىزغىنلىقىڭلارنى ئۆزلىرىگە قارى تىۋالماقچى. 18 ئەمما مەن سىلەر بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، بەلكى ھەردائىم گۈزەل ئىشقا قىزغىنلىق قىلىشىڭ ئۆزى ياخشىدۇر، ئەلۋەتتە.
19 سۆيۈملۈك باللىرىم! مەسىھ سىلەردە تۆرەلدۈرۈلگۈچە مەن سىلەر ئۈچۈن تولغاق ئازابلىرىنى يەنە بىر قېتىم تارتىۋاتىمەن! 20 مېنىڭ ھازىرلا يېنىڭلارغا بېرىپ، سىلەرگە باشقىچە تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ؛ چۈنكى بۇ ئەھۋالىڭلار توغرۇلۇق نېمە قىلىشنى زادىلا بىلمەيۋاتىمەن!

## «قۇل دېدەك» ھەجەر بىلەن «ھۆر ئايال» ساراھ توغرىسىدىكى تەمسىلدىن تەربىيە-ساۋاق ئېلىش

21 ئى تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىلكىدە ياشاشنى خالايدىغانلار، سىلەردىن شۇنى سوراپ باقاي، سىلەر تەۋراتنىڭ ئۆزىدە نېمە دېيىلگەنلىكىگە قۇلاق سالامسىلەر؟ 22 تەۋراتتا، ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى دېدەكتىن، يەنە بىرى ھۆر ئايالدىن

**17:4 «ئۇلار پەقەت سىلەرنى نىجاتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئۇلار پەقەت سىلەرنى بىزدىن ئايرىلىپ نىجاتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ» دېيىلىدۇ.
**17:4** رىم. 2:10؛ 2كور. 12:11.
**18:4 «ئەمما مەن سىلەر بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، بەلكى ھەردائىم گۈزەل ئىشقا قىزغىنلىق قىلىشىڭ ئۆزى ياخشىدۇر، ئەلۋەتتە»** ــ پاۋلۇسنىڭ «گۈزەل ئىش» دېگىنى ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئۇزىگە كۆرسەتكەن قىزغىن مۇھەببىتى بولسا كېرەك.
ــ«باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەيلى مەن سىلەر بىلەن بىللە بولاي ياكى بولماي، سىلەرگە نىيىتى ياخشى قىزغىنلىقى بار ئادەملەر بار بولسا، دائىم ياخشى بولىدۇ، ئەلۋەتتە».
**19:4** 1كور. 15:4؛ فلم. 10؛ ياق. 18:1.
**20:4 «مېنىڭ ھازىرلا يېنىڭلارغا بېرىپ، سىلەرگە باشقىچە تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ»** ــ «باشقىچە بىر تەلەپپۇز بىلەن...» ــ پاۋلۇس تېخىمۇ قاتتىق تەلەپپۇزدىمۇ، ياكى مۇلايىمراق تەلەپپۇزدىمۇ، ئۇلارغا زادى «قانداق تەلەپپۇز»دا سۆزلەش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى.

**بولغان، دەپ خاتىرىلەنگەن. [23]دېدەكتىن بولغان ئوغۇل «ئەت**
**بىلەن» تۇغۇلغان؛ ھۆر ئايالدىن بولغان ئوغۇل بولسا خۇدانىڭ**
**ۋەدىسى ئارقىلىق تۇغۇلغاندۇر. [24]بۇ ئىككى ئىشنى بىر**
**ئوخشىتىش دېگىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى ئايال خۇدانىڭ ئىنسانلار**
**بىلەن تۈزگەن ئىككى ئەھدىسىنىڭ ۋەكىلىدۇر. بىرىنچى ئەھدە**
**سىناي تېغىدىن كېلىپ، دەرھەقىقەت بالىلىرىنى قۇللۇقتا**
**بولۇشقا تۇغىدۇ؛ مانا ھەجەر ئۇنىڭغا ۋەكىلدۇر؛ [25]دېمەك، ھەجەر**
**بولسا ئەرەبىستاندىكى سىناي تېغىغا سىمۋول قىلىنىپ، يەنى**
**بۈگۈنكى يېرۇسالېمغا ئوخشىتىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ شەھەر ۋە**
**ئۇنىڭ بالىلىرى قۇللۇقتا تۇرماقتا. [26]ئەمما يۇقىرىدىن بولغان**
**يېرۇسالېم ھۆردۇر، ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئانىسىدۇر؛ [27]چۈنكى،**

---

**22:4 «ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى دېدەكتىن...»** — دېدەك (قۇل ئايال) — يەنى ھەجەر. **«يەنە بىرى ھۆر ئايالدىن بولغان..»** — ئۆز ھۆر ئايالى ساراھ ئىدى.

**22:4** يار. 2:16، 15؛ 2:21؛ روس. 8:7؛ ئىبر. 11:11.

**23:4 «دېدەكتىن بولغان ئوغۇل «ئەت بىلەن» تۇغۇلغان»** — «ئەت بىلەن» دېگەن ئىبارە «ئىنساننىڭ ئەتلىرىگە تايىنىش»نى بىلدۈرىدۇ. ھەجەرنىڭ ئوغلى ئىسمائىل پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئوي-پىكرى، ئىنسانىي كۈچى بىلەن تۇغۇلغان. **«دېدەكتىن بولغان ئوغۇل «ئەت بىلەن» تۇغۇلغان؛ ھۆر ئايالدىن بولغان ئوغۇل بولسا خۇدانىڭ ۋەدىسى ئارقىلىق تۇغۇلغاندۇر»** — بۇ پۈتۈن ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**23:4** يۇھ. 39:8؛ رىم. 7:9.

**25:4 «دېمەك، ھەجەر بولسا ئەرەبىستاندىكى سىناي تېغىغا سىمۋول قىلىنىپ، يەنى بۈگۈنكى يېرۇسالېمغا ئوخشىتىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ شەھەر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى قۇللۇقتا تۇرماقتا»** — «قۇللۇقتا» دېگەن سۆز روھىي قۇللۇقتا، يەنى تەۋرات قانۇنىنىڭ قۇللۇقىدا. «بۈگۈنكى يېرۇسالېم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى» يەھۇدىي خەلقى، شۇنداقلا تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشقانلىرىم بىلەن ھەققانىي ئادەم بولاي دېگەن ھەممە ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

**25:4** مىس. 19؛ 20.

**26:4 «ئەمما يۇقىرىدىن ئەرشتىن بولغان يېرۇسالېم ھۆردۇر، ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئانىسىدۇر...»** — باشقىچە ئېيتقاندا، ئىبراھىمنىڭ ئۆز ئايالى ساراھ بولسا ھۆر ئايال بولغاچقا، ئەرشتىكى يېرۇسالېمغا، شۇنداقلا يېڭى ئەھدىدە ياشىغان جامائەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، «ئەرشتىكى يېرۇسالېم»نى بىزنىڭ ئانىمىز، دېيىشكە بولىدۇ.

**26:4** ۋەھ. 2:21.

مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان: ــ
«خۇشال بول، ئى پەرزەنت كۆرمىگەن تۇغماس ئايال!
تەنتەنە قىلىپ ياڭرات، توۋلا، ئى تولغاق تۇتۇپ باقمىغان!
چۈنكى غېرىب ئايالنىڭ بالىلىرى ئېرى بار ئايالنىڭكىدىن كۆپتۇر!»
[28] ئەمدى ئى قېرىنداشلار، ئىسهاق خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن تۇغۇلغاندەك
بىزمۇ خۇدانىڭ ۋەدىسى بويىچە تۇغۇلغان پەرزەنتلەرمىز. [29] لېكىن
ئۇ چاغدا «ئەتلەردىن تۇغۇلغان» بالا «روھتىن تۇغۇلغان» بالىغا
زىيانكەشلىك قىلغىنىدەك، هازىر شۇنداق بولىدۇ. [30] لېكىن
مۇقەددەس يازمىلاردا نېمە دېيىلگەن؟ ئۇنىڭدا: «سەن بۇ دېدىكىڭنى
ئوغلى بىلەن قوشۇپ هەيدىۋەت! چۈنكى دېدەكتىن تاپقان ئوغۇل
هەرگىز هۆر ئايالىڭدىن بولغان ئوغۇل بىلەن مىراسقا ئورتاق

27:4 **«خۇشال بول، ئى پەرزەنت كۆرمىگەن تۇغماس ئايال! تەنتەنە قىلىپ ياڭرات، توۋلا، ئى تولغاق تۇتۇپ باقمىغان! ــ چۈنكى غېرىب ئايالنىڭ بالىلىرى ئېرى بار ئايالنىڭكىدىن كۆپتۇر!»** ــ «يەش. 1:54.

**27:4** يەش. 1:54

**28:4 «...ئىسهاق خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن تۇغۇلغاندەك بىزمۇ خۇدانىڭ ۋەدىسى بويىچە تۇغۇلغان پەرزەنتلەرمىز»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلىرىدە «... ئىسهاق خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن تۇغۇلغاندەك سىلەرمۇ خۇدانىڭ ۋەدىسى بويىچە تۇغۇلغان پەرزەنتلەرسىلەر» دېيىلىدۇ.

**28:4** رىم. 9:7، 8.

**29:4 «لېكىن ئۇ چاغدا «ئەتلەردىن تۇغۇلغان» بالا «روھتىن تۇغۇلغان» بالىغا زىيانكەشلىك قىلغىنىدەك، هازىر شۇنداق بولىدۇ»** ــ «ئەتلەردىن تۇغۇلغان» بالا ــ ئىسمائىلنى، شۇنداقلا ئۇ سىمۋول قىلىنغان «تەۋرات قانۇنىغا قۇل بولغانلار»نى كۆرسىتىدۇ. «روھتىن تۇغۇلغان» ــ خۇدانىڭ ۋەدىسى ۋە مۆجىزىسى ئارقىلىق، يەنى مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن تۇغۇلغان ئىسهاقنى، شۇنداقلا ئۇ سىمۋول قىلىنغان ئەيسا مەسىهكە ئېتىقاد قىلغۇچى، مۇقەددەس روھتىن «قايتىدىن تۇغۇلغان» خۇدانىڭ روھىي پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە ئىسمائىل ئىسهاققا زىيانكەشلىك قىلغىنىدەك، يەھۇدىي خەلق مەسىهكە ئىشەنگەنلەرگە زىيانكەشلىك قىلاتتى ۋە بۈگۈنگە قەدەر هەر تۈرلۈك «قانۇنغا تايانغانلار»مۇ ئوخشاشلا «خۇدانىڭ روھىغا تايانغانلار»غا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

**29:4** يار. 9:21.

بولمايدۇ!» دەپ پۈتۈلگەن. [31] ئەمدى، قېرىنداشلار، بىز دېدەكنىڭ
ئەمەس، بەلكى ھۆر ئايالنىڭ پەرزەنتلىرىدۇرمىز. مەسىھ بىزنى
ھۆرلۈكتە ياشىسۇن دەپ ھۆر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا تاپان
تىرەپ تۇرۇڭلار ۋە قۇللۇقنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا قايتىدىن قىسىلىپ
قالماڭلار.

## ئېتىقادچىلارنىڭ ئەركىنلىكى

5 [2-1] مانا، مەنكى پاۋلۇس سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئەگەر
سىلەر خەتنە قوبۇل قىلساڭلار، ئۇ چاغدا مەسىھنىڭ سىلەرگە
ھېچقانداق پايدىسى قالمايدۇ. [3] مەن خەتنىنى قوبۇل قىلغان
ھەربىر كىشىگە يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ ھەقىقەتنى ئېيتىپ قويايكى،
ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى بارلىق ئەمر-بەلگىلىمىلەرگە تولۇق ئەمەل
قىلىش مەجبۇرىيىتى باردۇر. [4] ئەي تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق ئۆزۈمنى
ھەققانىي ئادەم قىلاي دېگەنلەر، ھەربىرىڭلار مەسىھتىن ئايرىلىپ،
مەھرۇم بولۇپ، خۇدانىڭ شاپائىتىدىن چىقىپ، يىقىلىپ ئۇنىڭدىن
قالدىڭلار. [5] چۈنكى روھقا تايىنىپ ھەققانىيلىققا باغلانغان ئارزۇ-

---

30:4 **«سەن بۇ دېدەكنىڭنى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ھەيدىۋەت! چۈنكى دېدەكتىن تاپقان ئوغۇل ھەرگىز ھۆر ئايالىڭدىن بولغان ئوغۇل بىلەن مىراسقا ئورتاق بولمايدۇ!»** ــ «يار.» 10:21. مۇشۇ (21-31) ئايەتلەرگە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە شەرھ بېرىمىز.

**30:4** يار. 10:21.

2-1:5 **«... ئەگەر سىلەر خەتنە قوبۇل قىلساڭلار، ئۇ چاغدا مەسىھنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى قالمايدۇ»** ــ گالاتىيالىقلارنىڭ خەتنىنى قوبۇل قىلىشتىكى مەقستى «مۇشۇ ئارقىلىق ھەققانىيلىققا ئېرىشىمەن» دېگەنلىكتۇر؛ ئۇلار مەسىھنىڭ گۇناھلار ئۈچۈن بولغان قۇربانلىقىغا تايانمايلا، پەقەت يەنە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن «ساۋابلىق ئىشلار»نى بەرپا قىلماقچى بولۇپ «ئۆز-ئۆزۈمگە تايىنىپ گۇناھلىرىمنى يۇيۇپ ھەققانىي ئادەم بولىمەن» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

**2-1:5** يەش. 3:9؛ يۇھ. 32:8؛ روس. 1:15؛ رىم. 18:6؛ 1پېت. 16:2.

3:5 **«مەن خەتنىنى قوبۇل قىلغان ھەربىر كىشىگە يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ ھەقىقەتنى ئېيتىپ قويايكى، ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى بارلىق ئەمر-بەلگىلىمىلەرگە تولۇق ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى باردۇر»** ــ مۇشۇ ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**ئارمانىنى ئېتىقاد بىلەن تەلپۈنۈپ كۈتمەكتىمىز. 6 چۈنكى مەسىھ**
**ئەيسادا خەتنىلىك كۈچكە ئىگە ئەمەس، خەتنىسىزلىكمۇ كۈچكە**
**ئىگە ئەمەس، كۈچكە ئىگە بولغىنى پەقەت مۇھەببەت ئارقىلىق ئىش**
**قىلىدىغان ئېتىقادتۇر. 7 سىلەر ئوبدان چېپىپ مېڭىۋاتقانىدىڭلار؛**
**بىراق كىم سىلەرنى ھەقىقەتكە ئىتائەت قىلىشتىن توسۇۋالدى؟**
**8 بۇنداق قايىل قىلىش ئاملى سىلەرنى چاقىرغۇچىدىن بولغان**
**ئەمەس! 9 «كىچىككىنە خېمىرتۇرۇچ پۈتكۈل خېمىرنى بولدۇرۇپ**
**يوغىنىتىدۇ!»**

---

5:5 **«چۈنكى روھقا تايىنىپ ھەققانىيلىققا باغلانغان ئارزۇ-ئارمانىنى ئېتىقاد بىلەن تەلپۈنۈپ كۈتمەكتىمىز»** ــ «روھ» مۇقەددەس روھ، ئەلۋەتتە. «ھەققانىيلىققا باغلانغان ئارزۇ-ئارمانىنى» ــ گرېك تىلىدا «ھەققانىيلىقنىڭ ئۈمىدى» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. مەنىسى: (1) كىمدە مەسىھ ئارقىلىق ھەققانىيلىق بار بولسا ئۇنىڭ ئەرشتىكى بەختكە باغلىغان زور ئۈمىدىمۇ بار بولىدۇ؛ (2) بىزدە مەسىھ ئارقىلىق ھازىر بار بولغان ھەققانىيلىق ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن تولۇق، مۇكەممەل بولىدۇ، دەيدىغان ئۈمىدىمۇ باردۇر. بىزنىڭچە، بۇ ھەر ئىككى ئۈمىد كۆرسىتىلىدۇ
6:5 **«چۈنكى مەسىھ ئەيسادا، خەتنىلىك كۈچكە ئىگە ئەمەس، خەتنىسىزلىكمۇ كۈچكە ئىگە ئەمەس، كۈچكە ئىگە بولغىنى پەقەت مۇھەببەت ئارقىلىق ئىش قىلىدىغان ئېتىقادتۇر»** ــ «مۇھەببەت ئارقىلىق ئىش قىلىدىغان ئېتىقاد»: ــ ئېتىقاد مۇھەببەت ئارقىلىق گۈزەل ئىشلارنى قىلىدۇ ھەم مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ئېتىقادقا گۈزەل ئىشلارنى قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ ئىلھاملاندۇرىدۇ.
**6:5** مات. 50:12؛ يـۇھ. 14:15؛ 1كور. 19:7؛ 2كور. 17:5؛ گال. 15:6؛ كول. 11:3؛ 1تېس. 3:1.
7:5 **«سىلەر ئوبدان چېپىپ مېڭىۋاتقانىدىڭلار»** ــ ئېتىقاد يولىدا، ئەلۋەتتە.
**7:5** گال. 1:3.
8:5 **«بۇنداق قايىل قىلىش ئاملى سىلەرنى چاقىرغۇچىدىن بولغان ئەمەس!»** ــ «قايىل قىلىش»نىڭ مەنىسى يۇقىرىقى «ئىتائەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە يېقىن بولۇپ، كىنايىلىك مەنىنى تەكىتلەيدۇ ــ دېمەك، مۇشۇنداق «ئىتائەت» بولامدۇ؟
9:5 **«كىچىككىنە خېمىرتۇرۇچ پۈتكۈل خېمىرنى بولدۇرۇپ يوغىنىتىدۇ!»** ــ دېمەك، كىچىككىنە خېمىرتۇرۇچ پۈتۈن خېمىرنى بولدۇرغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ «ئازراق خاتا» تەلىمىمۇ نۇرغۇن ئادەمنى ئازدۇرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا «خەتنە قىلىش» «كىچىككىنە بىر ئىش» بولسىمۇ، گالاتىيالىقلارنىڭ ئۇنى «مۇشۇ ئىش بىلەن ھەققانىي (ياكى «تېخىمۇ ھەققانىي») ئادەم بولىمەن» دەپ قوبۇل قىلىشى ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ نىجاتىدىن چىقىرىپ ئايرىۋېتەتتى.
**9:5** 1كور. 6:5.

**10 ئۆزۈم رەبگە قاراپ قايىل بولدۇمكى، سىلەرمۇ بۇ ئىشتا ھېچ**
**باشقىچە ئويدا بولمايسىلەر. ئەمما سىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان كىم**
**بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ چوقۇم تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ.**
**11 قېرىنداشلار، ئەگەر مەن «خەتنە قىلىنىش كېرەك» دەپ جاكارلاپ**
**يۈرگەن بولسام، ئۇنداقتا مەن بۈگۈنكى كۈنگىچە يەنە نېمە ئۈچۈن**
**يەھۇدىيلاردىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېلىمەن؟ ئەگەر شۇنداق**
**قىلغان بولسام، «كرېست بىزارلىقى» يوق قىلىناتتى! 12 سىلەرنى**
**قۇترىتىۋاتقان بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئاختا قىلىۋەتسۇن دەيمەن!**
**13 چۈنكى قېرىنداشلار، سىلەر ئەركىنلىككە چاقىرىلدىڭلار. لېكىن**
**ئەركىنلىكىڭلارنى ئەتلىرىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە قاندۇرۇشنىڭ**
**باھانىسى قىلماڭلار، بەلكى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن بىر-**

---

10:5 **«ئەمما سىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ چوقۇم تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ»** — خۇدا تەرىپىدىن، ئەلۋەتتە.

**10:5** 2كور. 3:2؛ 22:8.

11:5 **«قېرىنداشلار، ئەگەر مەن «خەتنە قىلىنىش كېرەك» دەپ جاكارلاپ يۈرگەن بولسام، ئۇنداقتا مەن بۈگۈنكى كۈنگىچە يەنە نېمە ئۈچۈن يەھۇدىيلاردىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېلىمەن؟»** — گالاتىيادىكى جامائەتنى «قايمۇقتۇرۇۋاتقان»لار بولسا بەلكىم: «پاۋلۇس، سۈننەت قىلىنىش كېرەك دەيدۇ»، دەپ يالغانچىلىق قىلغان بولسا كېرەك. پاۋلۇسنىڭ بۇ سوئالى بىلەن ئۇلارنىڭ يالغان سۆزىگە جاۋاب بېرىدۇ — مانا، مەن شۇنداق خەۋەرنى يەتكۈزگەن بولسام، يەھۇدىيلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتمەيتتىم، دەيدۇ. **«ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسام، «كرېست بىزارلىقى» يوق قىلىناتتى!»** — «كرېست بىزارلىقى» توغرۇلۇق: — «كرېست» ئۆزى رىم ئىمپېرىيەسىدىكى ئەڭ يىرگىنچلىك ئۆلۈم جازا تەدبىرى ئىدى! لېكىن خۇدا ئەيسانىڭ دەل شۇنداق ئۆلۈمى ئارقىلىق ئادەمنى قۇتقۇزماقچى! مانا «كرېست بىزارلىقى»دۇر! ئۇنىڭ ئۈستىگە، «خەتنە قىلىنىش ياكى تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىشلار ئادەمنى گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزمايدۇ، نىجات-قۇتقۇزۇلۇش پەقەت ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستتىكى قۇربانلىقىدىنلا كېلىدۇ» دېگەن خەۋەر كۆپ ئادەملەرنى (پەقەت يەھۇدىيلارنىلا ئەمەس!) رەنجىتىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. مانا بۇمۇ «كرېست بىزارلىقى»دۇر. خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشتە «كرېست بىزارلىقى» ھەردائىم بولىدۇ؛ ئۇنداق ئىش كەم بولسا يەتكۈزگەن «خۇش خەۋەر» ئەمدى «خۇش خەۋەر» بولمايدۇ!

**11:5** 1كور. 23:1.

**12:5** يە. 25:7.

بىرىڭلارنىڭ قۇللۇقىدا بولۇڭلار. [14] چۈنكى پۈتكۈل تەۋرات قانۇنى
«قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن» دېگەن بىرلا ئەمردە ئەمەل
قىلىنىدۇ. [15] لېكىن پەخەس بولۇڭلاركى، بىر-بىرىڭلارنى چىشلەپ
تارتىپ يالماپ يۈرۈپ، بىر-بىرىڭلاردىن يۇتۇلۇپ كەتمەڭلار يەنە!

## روھ ۋە «ئەت»

[16] ئەمما شۇنى دېمەنكى ــ مۇقەددەس روھتا مېڭىڭلار، ۋە شۇ چاغدا
سىلەر ئەتلەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە يول قويمايسىلەر. [17] چۈنكى
ئەت روھقا زىت بولغان ئىشلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ۋە روھ ئەتكە زىت بولغان
ئىشلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشىدۇر؛
نەتىجىدە، ئۆزۈڭلار ئارزۇ قىلغان ئىشلارنى قىلالمايسىلەر.
[18] ۋەھالەنكى، سىلەر روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولساڭلار، ئۇ چاغدا
تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىلكىدە بولمايسىلەر. [19] ئەمدى ئەتنىڭ ئەمەللىرى
روشەنكى ــ زىناخورلۇق، بۇزۇقلۇق، ناپاكلىق، شەھۋانىيلىق،
[20] بۇتپەرەسلىك، سېھىرگەرلىك، ئۆچمەنلىكلەر، جېدەللەر،
قىزغانچۇقلۇقلار، غەزەپلەر، رىقابەتلىشىشلەر، بۆلگۈنچىلىكلەر،

---

13:5 **«لېكىن ئەركىنلىكىڭلارنى ئەتلەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە قاندۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلماڭلار»** ــ «ئەت» ياكى «ئەتلەر» ئاساسەن ئىنساننىڭ ئۆز شەخسىيەتچى تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**13:5** 1كور. 9:8؛ 1پېت. 16:2؛ يەھ. 4.

14:5 **«... پۈتكۈل تەۋرات قانۇنى «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن» دېگەن بىرلا ئەمردە ئەمەل قىلىنىدۇ»** ــ «ئەمەل قىلىنىدۇ» دېگەننىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى: «يىغىنچاقلانغاندۇر» («لاۋ.» 18:19).

**14:5** لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ مار. 31:12؛ رىم. 8:13؛ ياق. 8:2.

**15:5** 2كور. 20:12.

16:5 **«مۇقەددەس روھتا مېڭىڭلار»** ــ دېمەك، «مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەم ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدە مېڭىڭلار». بۇ ئىبارە توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**16:5** رىم. 14:13؛ 1پېت. 11:2.

**17:5** رىم. 15:7-26.

**19:5** 1كور. 3:3؛ ياق. 14:3.

گۇرۇھۋازلىقلار، [21] ھەسەتخورلۇقلار، قاتىللىقلار، ھاراقكەشلىكلەر،
ئەيش-ئىشرەتلەر قاتارلىق ئىشلاردۇر؛ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق بۇرۇنقى
ئېيتقىنىمدەك ھازىر يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۇنداق
ئىشلارنى قىلغۇچىلار خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا مىراسلىق
قىلمايدۇ. [22] ۋەھالەنكى، روھنىڭ مېۋىسى بولسا مېھىر-مۇھەببەت،
شاد-خۇراملىق، خاتىرجەملىك، سەۋر-تاقەت، مېھرىبانلىق،
ياخشىلىق، ئىشەنچ-سادىقلىق، [23] مۆمىن-مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق ئىشلارنى توسىدىغان ھېچقانداق
قانۇن يوقتۇر. [24] لېكىن مەسىھكە مەنسۇپ بولغانلار ئەتلىرىنى،
شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئىشقلار ۋە ھەم ھەۋەسلەرنى تەڭ كرېستلىگەن
بولىدۇ. [25] روھتا ياشاۋاتقان بولساق، روھقا ئەگىشىپ ماڭايلى. [26] بىر-
بىرىمىزنى رەنجىتىپ، بىر-بىرىمىزگە ھەسەت قىلىپ، ھاكاۋۇر
شۆھرەتپەرەسلەردىن بولمايلى.

---

**21:5** 1كور. 10:6؛ ئەف. 5:5؛ كول. 6:3؛ ۋەھ. 15:22.

22:5 **«روھنىڭ مېۋىسى بولسا...»** — «روھ» مۇقەددەس روھ، خۇدانىڭ روھى.
—«روھنىڭ مېۋىسى» — باشقىچە ئېيتقاندا، «مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياشاشتىن بېرىدىغان مېۋە».

**22:5** ئەف. 9:5.

23:5 **«... مۆمىن-مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت»** — ئىنجىلدا «مۆمىن-مۇلايىملىق» ياكى «يۇۋاش-مۇلايىملىق»نىڭ ئالاھىدىلىكى بار، ئۇ بولسىمۇ قورقۇنچتىن كۆچلۈكلەرگە يول قويىدىغان ئاجىزلىق ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ يولىدا تالاش-تارتىشلاردىن قول ئۈزۈش، خۇدانىڭ ھەممە ئىشلىرىمىزنى زوراۋانلىقسىز، جېدەلسىز توغرا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىمان باغلاشتۇر؛ مۇشۇنداق پوزىتسىيە مۇلايىم، يۇۋاشلىق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

**23:5** 1تىم. 9:1.

24:5 **«لېكىن مەسىھكە مەنسۇپ بولغانلار ئەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئىشقلار ۋە ھەم ھەۋەسلەرنى تەڭ كرېستلىگەن بولىدۇ»** — «ئۇنىڭدىكى (ئەتلەرنىڭ) ئىشقلار...» ياكى «ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتلار...».

**24:5** رىم. 6:6؛ 14:13؛ گال. 20:2؛ 1پېت. 11:2.

## بىر-بىرىڭلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار

6 [1]قېرىنداشلار، ئاراڭلاردىن بىرسىنىڭ ھازىرمۇ بىر گۇناھ-
سەۋەنلىك سادىر قىلىۋاتقانلىقى بايقالغان بولسا، ئاراڭلاردىكى
روھىي كىشىلەر يۇۋاش-مۇلايىملىق روھى بىلەن ئۇنى يولىدىن
قايتۇرۇپ كېلىڭلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزۈڭلارنىڭمۇ
ئازدۇرۇلۇپ كەتمەسلىكىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار. [2]بىر-بىرىڭلارنىڭ
ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، مەسىھنىڭ قانۇنىغا
ئەمەل قىلغان بولىسىلەر. [3]چۈنكى بىرسىنىڭ تارازىغا توختىغۇدەك
ئىشى بولماي تۇرۇپ ئۆزىنى تارازىغا توختىغۇدەك دەپ چاغلىسا، ئۇ
ئۆز-ئۆزىنى ئالدىغانلىق، خالاس. [4]لېكىن ھەركىم ئۆز ئەمەلىيىتىگە
قاراپ تەكشۈرۈپ باقسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭكىدىن ئەمەس،
بەلكى ئۆز ئەمەللىرىدىنلا پەخىرلەنگۈدەك ئىش بولسا، پەخىرلەنسە
بولىدۇ. [5]چۈنكى ھەربىر ئادەم ئۆز يۈكىنى كۆتۈرۈشى كېرەك.
[6]خۇدانىڭ سۆز-كالامىدىن تەلىم ئالغۇچى ئۆزىگە تەلىم بەرگۈچىنى

---

1:6 **«... ئاراڭلاردىكى روھىي كىشىلەر يۇۋاش-مۇلايىملىق روھى بىلەن ئۇنى يولىدىن قايتۇرۇپ كېلىڭلار»** — «روھىي كىشىلەر» ياكى «روھقا تەۋە بولغانلار» بولسا دائىم مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماڭغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. «كورىنتلىقلارغا (1)»دىكى «كىرىش سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**1:6** رىم. 1:14؛ 1:15؛ 1كور. 22:9.

**2:6** مات. 29:11؛ يۇھ. 14:13؛ رىم. 1:15؛ 1تېس. 14:5.

3:6 **«چۈنكى بىرسىنىڭ تارازىغا توختىغۇدەك ئىشى بولماي تۇرۇپ ئۆزىنى تارازىغا توختىغۇدەك دەپ چاغلىسا، ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ئالدىغانلىق، خالاس»** — 2-ئايەتكە قارىغاندا، پاۋلۇسنىڭ بۇ سۆزى ھاجەتمەنلەرگە ياكى موھتاج بولغانلارغا ياردەم قولىنى ھېچ ئۇزارتمايدىغان ئادەملەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغان.

4:6 **«شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭكىدىن ئەمەس، بەلكى...»** — ياكى «شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرمايلا، ...».

5:6 **«چۈنكى ھەربىر ئادەم ئۆز يۈكىنى كۆتۈرۈشى كېرەك»** — دېمەك، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

**5:6** زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22.

ئۆزىدە بار بولغان ياخشى نەرسىلەردىن ئورتاق بەھرىمەن قىلسۇن.
[7]ئۆز-ئۆزۈڭلارنى ئالدىماڭلار ـ خۇدانى ئالداپ ئەخمەق قىلغىلى
بولمايدۇ؛ چۈنكى كىم نېمە تېرىسا، شۇنى ئالىدۇ. [8]ئۆز ئەتلىرىنىڭ
ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشقا ئۇرۇق چاچقان كىشى ئۆز ئەتلىرىدىن
چىرىكلىك ھوسۇلىنى ئالىدۇ. لېكىن روھنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن
ئۇرۇق چاچقان كىشى بولسا روھتىن مەڭگۈلۈك ھايات ئالىدۇ. [9]شۇڭا،
ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن هارمايلى. ئۇنىڭغا ئېرىنمىسەك ۋاقتى-
سائىتى توشقاندا چوقۇم ھوسۇل ئالالايمىز. [10]شۇ سەۋەبتىن، بىزدە
پۇرسەت بولسىلا، ھەممەيلەنگە، بولۇپمۇ ئېتىقادتىكى ئائىلىگە
مەنسۇپ بولغانلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرەيلى.

## ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە سالام

[11]مانا، ئۆز قولۇم بىلەن شۇنچە چوڭ ھەرپلەر بىلەن يازغىنىمغا
قاراڭلار! [12]سىلەرگە خەتنىنى قوبۇل قىلىشنى مەجبۇرلىماقچى

---

**6:6** رىم. 27:15؛ 1كور. 11:9.

**7:6** لۇقا 25:16؛ 1كور. 10:6.

**8:6** «**ئۆز ئەتلىرىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشقا ئۇرۇق چاچقان كىشى**» ــ گرېك تىلىدا «ئۆز ئەتلىرىگە ئۇرۇق چاچقان كىشى». «**ئۆز ئەتلىرىدىن چىرىكلىك ھوسۇلىنى ئالىدۇ**» ــ ياكى «ئۆز ئەتلىرىدىن ھالاكەتنى ئالىدۇ».

**9:6** 2تېس. 13:3.

**10:6** «**بىزدە پۇرسەت بولسىلا، ھەممەيلەنگە، بولۇپمۇ ئېتىقادتىكى ئائىلىگە مەنسۇپ بولغانلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرەيلى**» ــ «ئېتىقادتىكى ئائىلە» بولسا دۇنيادىكى بارلىق ئېتىقادچىلار، خۇدانىڭ ئائىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**10:6** 1تىم. 8:5.

**11:6** «**مانا، ئۆز قولۇم بىلەن شۇنچە چوڭ ھەرپلەر بىلەن يازغىنىمغا قاراڭلار!**» ــ نېمىشقا پاۋلۇس بۇنى يازىدۇ؟ يۇقىرىقى 15:4-ئايەت ئۇستىدىكى ئىزاھاتتا ئېيتقىنىمىزدەك، پاۋلۇس ئادەتتە پۈتۈكچى ئارقىلىق خەتلىرىنى يازغان (مەسىلەن، «رىم.» 22:16). بىزنىڭچە سەۋەبى ئۇنىڭدا بىرخىل كۆز كېسىلى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن: ــ (1) پاۋلۇس بۇ خەتنى يېزىش جەددىي بولغاچقا، يېنىدا مۇۋاپىق پۈتۈكچى بولمىغانلىقتىن ئۆز قولى بىلەن خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولغان؛ (2) خەتنى ھەقىقەتەن ئۆزىدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ ئاخىرقى ئايەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن يازدى. چۈنكى شۇ چاغدا «ساختا روسۇللار» كۆپ ئىدى، ھەتتا پاۋلۇسنىڭ نامى بىلەن

**بولغانلار، ئۇلارنىڭ ھەربىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى پەردازلاپ كۆرسەتمەكچى بولغان، خالاس؛ ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىتى پەقەت «مەسىھنىڭ كرېستى» تۈپەيلىدىن بولغان زىيانكەشلىكتىن قېچىشتىن ئىبارەت، خالاس. [13]چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ خەتنە قىلىنغىنى بىلەن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلمايدۇ؛ لېكىن ئۇلار ئەتلىرىڭلاردىن ماختىنىش ئۈچۈن بەربىر سىلەرنى خەتنىنى قوبۇل قىلدۇرماقچى بولىدۇ. [14]ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستىنىڭ ئۆلۈمىدىن باشقا ھېچ ئىش بىلەن ماختانمىغايمەن! چۈنكى ئۇنىڭ كرېستى ۋاسىتىسىدىن بۇ دۇنيا ماڭا نىسبەتەن كرېستلەنگەن ۋە مەنمۇ بۇ دۇنياغا نىسبەتەن كرېستلەنگەنمەن. [15]چۈنكى مەسىھ ئەيسادا نە خەتنىلىك نە**

---

ساختا خەتلەرنى يازغانلار بار ئىدى («2تېس.» 2:2نى كۆرۈڭ).
—ئۆز پىكرىمىزچە، پاۋلۇس بۇ پۈتۈن خەتنى ئۆز قولى بىلەن يازغان.
12:6 **«سىلەرگە خەتنىنى قوبۇل قىلىشنى مەجبۇرلىماقچى بولغانلار، ئۇلارنىڭ ھەربىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى پەردازلاپ كۆرسەتمەكچى بولغان، خالاس»** ــ «ئۇلارنىڭ ھەربىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى پەردازلاپ كۆرسەتمەكچى بولغان»لار بولسا نىجاتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىش كېرەك، دېگەن يەھۇدىيلارنىڭ گېپىدىن قورققان، ئۇلار يەھۇدىيلارنىڭ ماختىنىشىغا ئېرىشىشنى خالايدىغان كىشىلەردۇر. «تاشقى قىياپەتتە» گرېك تىلىدا «ئەتلەردە» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىتى پەقەت «مەسىھنىڭ كرېستى» تۈپەيلىدىن بولغان زىيانكەشلىكتىن قېچىشتىن ئىبارەت، خالاس»** ــ «مەسىھنىڭ كرېستى تۈپەيلىدىن بولغان زىيانكەشلىك»: دېمەك، «مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمى (ياكى «كرېستنىڭ بىزارلىقى») تۈپەيلىدىن بولغان زىيانكەشلىك». بۇ زىيانكەشلىك يەھۇدىيلار تەرىپىدىن، ئەلۋەتتە. «مەسىھنىڭ كرېستى» دېگىنى بولسا، «مەسىھنىڭ كرېستلەنگەندە بولغان قۇربانلىقى بىردىنبىر نىجات يولىدۇر» دېگەن خەۋەرنىڭ قىسقىچە ئىپادىسىدۇر. شۇ چاغدا مۇشۇ ھەقىقەتنى تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن (ۋە كۆپ باشقىلار تەرىپىدىنمۇ، ئەلۋەتتە) زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى.
13:6 **«ئۇلار ئەتلىرىڭلاردىن ماختىنىش ئۈچۈن بەربىر سىلەرنى خەتنىنى قوبۇل قىلدۇرماقچى بولىدۇ»** ــ «ئەتلىرىڭلاردىن ماختىنىش» دېگەن ئىبارىنى قانداق چۈشىنىمىز؟ مۇشۇ يەھۇدىيلار، «گالاتىيالىقلار گېپىمىزگە كىردى، ئۇلارغا خەتنىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ ئۇلارنى نىجات يولىغا ئالغا باستۇردۇق!» دەپ باشقا يەھۇدىيلار ئالدىدا ماختىنىشنى خالايتتى.
14:6 **«چۈنكى ئۇنىڭ كرېستى ۋاسىتىسىدىن بۇ دۇنيا ماڭا نىسبەتەن كرېستلەنگەن ۋە**

**خەتنىسىزلىك دېگەنلەر كۆچكە ئىگە ئەمەستۇر؛ بىردىنبىر كۆچكە**
**ئىگە بولىدىغىنى پەقەت يېڭى بىر يارالغۇچىدۇر!** 16 **بۇ قائىدە بويىچە**
**ماڭىدىغانلارغا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ۋە خۇدانىڭ ئىسرائىلىغا**
**خاتىرجەملىك ۋە رەھىم-شەپقەت بولغاي!** 17 **بۇنىڭدىن كېيىن**
**ھېچكىم بۇ ئىشلار بىلەن يەنە مېنى ئاۋارە قىلمىسۇن! چۈنكى مەن**
**ئۆز بەدىنىمدە ئەيسانىڭ يارا ئىزلىرىنى كۆتۈرىمەن!**
18 **قېرىنداشلار، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى**
**روھىڭلارغا يار بولغاي! ئامىن!**

---

**مەنمۇ بۇ دۇنياغا نىسبەتەن كرېستلەنگەنمەن»** ــ «بۇ دۇنيا ماڭا نىسبەتەن كرېستلەنگەن» دېگەن ئىبارە، ماڭا نىسبەتەن ئۆلگەن، دېمەكچى.

15:6 **«بىردىنبىر كۆچكە ئىگە بولىدىغىنى پەقەت يېڭى بىر يارالغۇچىدۇر! »** ــ «يېڭى بىر يارالغۇچى» دېگەن ئىبارە «يېڭى (يارىتىلغان) ئادەم»نى ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ؛ لېكىن بۇ ئىبارە يەنە مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق ئاپىرىدە بولغان ھەربىر «يېڭى ئادەم» ۋە كەلگۈسىدە پەيدا بولىدىغان يېڭى ئاسمان-زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**15:6** مات. 50:12؛ يۇھ. 14:15؛ 2كور. 16:5؛ گال. 6:5؛ كول. 11:3.

16:6 **«بۇ قائىدە بويىچە ماڭىدىغانلارغا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ۋە خۇدانىڭ ئىسرائىلىغا خاتىرجەملىك ۋە رەھىم-شەپقەت بولغاي!»** ــ «خۇدانىڭ ئىسرائىلى» (ياكى «خۇدانىڭ ھەقىقىي ئىسرائىلى») ــ دېمەك، باشقا بىر «ئىسرائىل» بار. بىزنىڭچە بۇ ئىبارە ئىسرائىلدىن، يەنى يەھۇدىيلار ئىچىدىكى خۇدانىڭ نىجات يولىدا ماڭغان، مەسىھ ئەيسانى قوبۇل قىلغانلارنى (يەنى «خۇدانىڭ قالدىسى»نى) كۆرسىتىدۇ. قالغان يەھۇدىيلار «ئىسرائىل» بولسىمۇ، «خۇدانىڭ ئىسرائىلى» ئەمەس.
—بەزى ئالىملار بۇ جۈملىدىكى «ۋە»نى «يەنى» دەپ تەرجىمە قىلىپ، «خۇدانىڭ ئىسرائىلى» پۈتكۈل جاھاندىكى مەسىھكە تەۋە بولغانلاردىن بولغان جامائەتنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بىزنىڭچە پاۋلۇسنىڭ بۇ ئىبارىسى، «مەن يۇقىرىدا بەزى يەھۇدىيلار توغرۇلۇق قاتتىق گەپ قىلغىنىم بىلەن، ھەممە يەھۇدىي شۇنداق، دەپ ئويلاپ كەتمەڭلار! «خۇدانىڭ ئىسرائىلى» باردۇر!» دېمەكچى.

**16:6** زەب. 5:125.

17:6 **«... مەن ئۆز بەدىنىمدە ئەيسانىڭ يارا ئىزلىرىنى كۆتۈرىمەن!»** ــ «ئەيسانىڭ يارا ئىزلىرى» ــ دېمەك، پاۋلۇسنىڭ تېنىدە قالغان يارا ئىزلىرى، يەنى مەسىھ ئۈچۈن خۇش خەۋەر تارقىتىش يولىدا تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىدۇر. شۇ تەرەپتە ئۇ كۆپ يارىلانغان رەببى ئەيساغا ئوخشاشتۇر. «ئەيسانىڭ يارا ئىزلىرى»نىڭ گرېك تىلىدا ئىككىنچى مەنىسىمۇ بار: «ئەيسانىڭ (باسقان) تامغىسى» ــ دېمەك، پاۋلۇس بۇ سۆز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەيساغا پۈتۈنلەي مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىمۇ تەكىتلىمەكچى.

**17:6** 2كور. 10:4.

# قوشۇمچە سۆز

بىز 2:18ـ20 ئايەتلەر ئۈستىدە بىر-بىرلەپ توختىلىمىز: —

18:2 «ئەمما مەن ئەسلىدە غۇلاتقان نەرسىلەرنى قايتىدىن قۇرسام، ئۆزۈمنى تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچى دەپ ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن بولىمەن».

بۇ سۆزدە كۆزدە تۇتۇلغىنى يەھۇدىي بولسۇن، «يات ئەللىك» بولسۇن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا مۇتلەق قابىلىيەتسىزلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن بىر كىشىدۇر. ئۇ: «مەسىھ گۇناھىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق بولدى، ئۇ خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىغا ئاساسلانغان يېڭى ھاياتنى ساڭا ئاتا قىلىشنى خالايدۇ»، دېگەن ئاجايىب خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا بولغان تىرىشىش-تىرمىشىشلىرىنى تاشلاپ، مەسىھگە قاراپ ئۇنىڭدا ۋەدە قىلىنغان يېڭى ھاياتنى ئۆتكۈزۈشتىن مۇيەسسەر بولۇشقا باشلايدۇ.

ئەمما مەسىھگە مۇنداق ئىشەنگەن بىر يات ئەللىك ئادەم بىر كۈنى يەھۇدىي تونۇشىدىن: «سەن خەتنىنى قوبۇل قىلساڭ، خۇدا ئالدىدا تېخىمۇ پاك ئادەم بولىسەن» ياكى «خەتنە قوبۇل قىلمىساڭ گۇناھلىرىڭدىن پاك بولالمايسەن» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇ: «مەن خەتنە قىلىنسام مەسىھنىڭ ماڭا يەتكۈزگەن نىجاتىغا «يېڭىچە» بىر ئىش قوشقان بولىمەن» دەپ خام خىيال قىلىپ، «ئەت»كە تايىنىش بىلەن ئىنسانىي تىرىشىش-ئىنتىلىشلەر دۇنياسىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەسىھ يەتكۈزگەن مۇكەممەل، تولۇق نىجاتقا ھېچنەرسە قوشۇشقا بولمايدۇ. ئۇستا رەسسام سىزغان چىرايلىق «مۇكەممەل» رەسىمگە قاراپ: «مەن بۇ رەسىمگە بىر-ئىككى نەرسە قوشۇپ، تېخىمۇ ياخشى، چىرايلىق قىلىپ سىزىمەن!» دېگەن ئادەم مۇشۇ چىرايلىق رەسىمنى مۇتلەق بۇزۇپ قويمامدۇ؟ بۇ تولىمۇ ھاماقەتلىكتۇر!

ئەمەلىيەتتە ئۇ خۇدانىڭ مۇكەممەل شاپائىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىمەن دەپ كۇپۇرلۇق ئىش قىلدى. «خەتنىنى قوبۇل قىلاي» دەپ ئۇ ئۆزىنى ئەسلىدە يەھۇدىي خەلققە تاپشۇرۇلغان تەۋرات قانۇنىدىكى بارلىق بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشقا قەرزدار قىلدى. چۈنكى پاۋلۇس ئېيتقىنىدەك، خۇدانى خۇرسەن قىلىپ گۇناھلىرىمنى يۇيۇۋېتەي

دېگەن مەقسەتتە خەتنىنى قوبۇل قىلغان كىشى: «مەسىھنىڭ قۇربانلىقىغا كېرەك ئەمەسمەن؛ مەسىھنىڭ ئۆلۈمى بىكاردۇر!» دېگەنگە باراۋەر بولىدۇ.

ئۇنداق بىر كىشى ئۆزىنى تەۋرات قانۇنى ئاستىغا قويۇپ، تەۋرات قانۇنىنىڭ ھەممە ئەمر-بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك، چۈنكى: «تەۋرات قانۇنىدا پۈتۈلگەن ھەممە ئەمرلەرگە ئۈزلۈكسىز ئەمەل قىلمىغان ھەربىر كىشى لەنەتكە قالىدۇ» («قان.» 23:21).

شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس قاتتىق كىنايىلىك بىلەن، ئۆزۋۆكنى مەسىھنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن مۇتلەق گۇناھكارمەن دەپ ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، لېكىن ھازىر قايتىدىن تەۋرات قانۇنىغا ئېسىلىۋالدىلىك، «يۈز نومۇر»غا ئېرىششىنىڭ ھەممە پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويدۇق؛ ئۇنداق ياكى بۇنداق يول بىلەن ئۆزۋۆكنى گۇناھكار ئىسپاتلىدىلىك، لېكىن ھېچنەرسىگە ئېرىشمىدىلىك، دەپ كۆرسىتىدۇ: — «ئەمما مەن ئەسلىدە غۇلاتقان نەرسىلەرنى قايتىدىن قۇرسام، ئۆزۈمنى تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچى دەپ ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن بولىمەن»!

19:2 «چۈنكى مەن تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق قانۇنغا نىسبەتەن ئۆلدۈم؛ نەتىجىدە، مەن خۇداغا يۈزلىنىپ ياشاۋاتىمەن»

بىراۋ «تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق» قانداقمۇ ئۆلسۇن؟ پاۋلۇس بۇ تېما توغرۇلۇق «رىم.» 7:7-25دە كۆپ سۆزلەرنى قىلغان. تەۋرات قانۇنىدا ئىنساننىڭ گۇناھكار تەبىئىتى ئاشكارە بولىدىغان كۆپ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش نىيىتىدە بولغان ھەممىمىز بىر تەرەپتىن شۇ تەلەپلەرگە ئەمەل قىلساقمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەل قىلماي گۇناھكار بولۇپ قالىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن تەۋرات قانۇنى بىزنى تارازىغا سېلىپ ھەممىمىزنى گۇناھقا پاتقان، دەپ ئىسپاتلايدۇ؛ ئۆزىمىزدە ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغاندا بىز پاۋلۇس ئېيتقاندەك «ئۆلىمىز». ئەمما ئاشۇ پەيتتە بىز ئۆلۈغ يېڭى ھەقىقەتكە ئېرىشەلەيمىز، «رىم.» 3:8-4دە يېزىلغاندەك: «گۇناھلىق ئەت ئېلىپ كېلىدىغان ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن تەۋرات قانۇنى قىلالمىغاننى خۇدانىڭ ئۆزى قىلدى؛ ئۇ ئۆز ئوغلىنى گۇناھكار ئەتلىك قىياپەتتە گۇناھنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئەتتىكى مەۋجۇت گۇناھنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىۋەتتى؛ بۇنىڭ بىلەن قانۇننىڭ ھەققانىي

تەلىپى ئەتكە ئەگەشمەيدىغان، بەلكى مۇقەددەس روھقا ئەگىشىپ ماڭىدىغان بىزلەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ».

بىز مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن بولغان ئۆلۈمىنى قوبۇل قىلساق، مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىزنىڭمۇ ئۆلۈمىمىز بولىدۇ؛ شۇنداق بولغاندا، ئۆزىمىزنىڭ «خۇداغا يۈزلىنىپ ياشاۋاتىمىز»نى بايقاپ قالىمىز!

20:2 «مەن مەسىھ بىلەن بىللە كرېستلەنگەنمەن، لېكىن مانا، ياشاۋاتىمەن! لېكىن ياشاۋاتقىنى مەن ئەمەس، بەلكى مەندە تۇرۇۋاتقان مەسىھدۇر. ۋە مېنىڭ ھازىر ئەتلىرىمدە ياشاۋاتقان ھايات بولسا، مېنى سۆيگەن ۋە مەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ ئىمان-ئېتىقادىدىندۇر».

ئادەم بۇ سۆزنى ئۆزى توغرۇلۇق ئېيتالايدىغان بولسا شۈبھىسىزكى، ئەڭ ئۇلۇغ بايان بولىدۇ. ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچى ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ ئۆز ئوغلى ئارقىلىق بىزدە ماكانلاشقانلىقىدىن ئارتۇق ئاجايىب ئىش بولامدۇ؟

يۇقىرىقى بۇ بايان پاۋلۇسنىڭ بىۋاستە تەلىملىرىدىن ئەمەس، ئەلۋەتتە؛ ئۇ پەقەت ئۆزى توغرۇلۇق بولغان گۇۋاھلىقىدۇر. ۋەھالەنكى، ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېيتىشى زۆرۈر.

دىققەت قىلغايسىزكى، پاۋلۇس ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېتىقادى بىلەن ياشىمايدۇ؛ ئۇنىڭ خۇدانىڭ بارلىق ۋەدىلىرىگە ئىشىنىدىغانلىقى مەسىھنىڭ ئېتىقادىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بولىدۇ! ھەممىمىزدە شۇنداق بولسۇن!

19:3 «ئۇنداقتا، تەۋرات قانۇنىنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت نېمە؟ ئۇ بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن، خۇدانىڭ مىراسى ۋەدە قىلىنغۇچى، يەنى ئىبراھىمنىڭ نەسلى دۇنياغا كەلگۈچە قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن؛ ئۇ پەرىشتىلەر ئارقىلىق بىر ۋاسىتىچىنىڭ قولى بىلەن بېكىتىلىپ ئىشقا سېلىنغان».

تەۋرات قانۇنى «ئىنسانلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن ...قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن». بۇ ھەقىقەتنىڭ كۆپ تەرەپلىملىكى بار. بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم تەرىپى يۇقىرىقى 19:2 توغرۇلۇق ئېيتقىنىمىزدەك، خۇدا تەۋرات قانۇنىنى، گۇناھنى تولۇق سۆكۈدىغان قورال بولسۇن دېگەن مەقسەتتە ئۇنى چۈشۈرگەن. «رىملىقلارغا» 13:7دە ئېيتىلغاندەك: «شۇنداق تۇرۇقلۇق، ياخشى بولغىنى ماڭا ئۆلۈم بولدىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! بەلكى، گۇناھنىڭ ئەمر ئارقىلىق قەۋەتلا قەبىھ بولغانلىقى ئوچۇق ئاشكارىلانسۇن دەپ ئەنە شۇ گۇناھ بۇ ياخشى ئەمردىن پايدىلىنىپ، مەندە ئۆلۈم پەيدا قىلدى».

قولى گال بولغان بىر مالاينى مىسالغا ئالايلى، سافادا ئولتۇرۇپ ھېچ ئىش قىلمىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قولىنىڭ گاللىقى باشقىلارغا ياكى ئۆزىگىمۇ ھېچ بىلىنمەيدۇ. لېكىن بىرسى ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى تەلەپ قىلسىلا ئۇنىڭ قولىنىڭ گاللىقى دەرھال ھەممىگە ئايان بولىدۇ. شۇنىڭدەك «ئەمر» ھەممىنى پاش قىلىپ، تەۋرات قانۇنى گۇناھىمىزنى ئاشكارە قىلىدۇ.

ئەمما تەۋرات قانۇنى يەنە بىر سەۋەبتىن بېرىلدى؛ 4-باب، 1-3دە پاۋلۇس تەۋرات قانۇنى مەسىھ دۇنياغا كەلگۈچە يەھۇدىي خەلقى (ۋە شۇنداقلا يەھۇدىيلارغا قوشۇلغان يات ئەللىكلەرگە «خوجىدار (تەربىيىلىگۈچى)» ۋە «بالا باققۇچى» بولسۇن دەپ تەمىنلەنگەن، دەيدۇ. تەۋرات قانۇنى خەلقتە «چەكتىن ئېشىپ كەتسەك بولمايدۇ» دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلىدىغان، گۇناھنى تىزگىنلەيدىغان فۇنكسىيىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا خەلق تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ۋە ھېچ بولمىغاندا روھ-قەلبىدە بولسىمۇ، ئۇلار خۇدا ئۆزلىرىگە سالغان چەكلەرگە يېقىنلىششتىن قورققانىدى. مەسىھ دۇنياغا كەلگىنىدە تەۋرات قانۇنىنىڭ بۇ ئىككى فۇنكسىيىسى خۇدانىڭ مەقسىتىنى ئورۇنداپ، بۇرچىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

## 20:3 «ئەمما «ۋاستىچى» بىر تەرەپنىڭلا ۋاستىچىسى ئەمەس (بەلكى ئىككى تەرەپنىڭكىدۇر)، لېكىن خۇدا ئۆزى يەككە-يېگانە ...». 

بۇ پاۋلۇسنىڭ ئەڭ ئىنچام ئىبارىلىرىدىن بولۇپ، ئالىملار ئۇنىڭ تولۇق مەنىسى توغرۇلۇق نەچچە پىكىردە تۇرىدۇ. ئەمما مەنىسى ئىنتايىن ئاددىي دەپ ئويلايمىز. داۋۇت (ئىشەنچلىك ئادەم) ھەم پولات (تاپىنى يوق ئادەم) ئىككىسى بىر كېلىشىم تۈزىدۇ

دەيلۇق. داۋۇت شۇنچە ئىشەنچلىك ۋە سادىق بولسىمۇ، پولات ئىشەنچسىز، گېپىدە تۇرمايدىغان بولسا ئۇلارنىڭ كېلىشىمى نەچچە كۇنلۇكلا بولىدۇ، ئاندىن ئىككىسى بىر-بىرىدىن تېخىمۇ ياتلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا دۈشمەنلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمدى تولىمۇ ئىشەنچلىك، ۋەدىسىدە چىڭ تۇرغۇچى خۇدا بىلەن ئىشەنچسىز ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئەھدە توغرۇلۇق نېمە دەيمىز؟! ئۇنداق ئەھدىنىڭ بۇزۇلۇش بىلەن يوق بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىسى بولمايدۇ؛ ئەمدى خۇدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋەكىل بولغان ئىسرائىل بىلەن مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىچىلىقىدا تۈزگەن «كونا ئەھدە» بولسا دەل شۇنداقتۇر: «ئەگەر سىلەر ماڭا تولۇق ئىتائەت قىلساڭلار، مېنىڭ ئەھدەمگە قۇلاق سالساڭلار،... مەن سىلەرنى بەرىكەتلەيمەن...» («مىس.» 5:19نى كۆرۈڭ). ئەھدە شەرتلىك ۋە يېرىمى ئىنسانغا باغلىق بولغاچقا، ھەممىسى بەرىكەت بىلەن ئەمەس، لەنەت بىلەن تۈگەيدۇ. بىز باشقا بىر كىتابىمىزدا ئىپتىقىنىمىزدەك، «يېڭى ئەھدە»نىڭ ئالاھىدىلىكى پۈتۈنلەي باشقىچە. ھەممىسى خۇدانىڭ تەرىپىگە باغلىق، دېگىلى بولىدۇ. مەسىلەن تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇنى تىلغا ئالغانلىرىغا قاراڭ («يەر.» 31:31-34، «ئەز.» 36:26-29). بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇسىڭىز ئەھدىدە «ئىنسان تەرىپى»نىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەھدىدە پەقەت خۇدا ئۆزىنىڭ: «مەن... (ئۇنداق) قىلىمەن،... ئۆزۈم... ...(ئۇنداق) قىلىمەن، ... ئۆزۈم... (ئۇنداق) قىلىمەن...»، «مەن سىلەرگە يېڭى قەلب، يېڭى روھ ئاتا قىلىمەن،... مەن سىلەرگە رەھىمدىللىقىمنى كۆرسىتىپ گۇناھلىرىڭلارنى قايتىدىن ھېچ ئەسلىمەيمەن...!» دېگەنلىرى بار.

ئەمەلىيەتتە بولسا «يېڭى ئەھدە» خۇدا بىلەن گۇناھسىز ئىنسان بولغان ئۆز ئوغلى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەندۇر؛ شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھدىنى، خۇدانىڭ ئۆز ئىچىدە تۈزۈلگەن ئەھدە دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئىنسانلار ئۇنىڭغا كىرىش ئۈچۈن پەقەتلا ئۇنىڭ ھەممىسىگە «ئامىن!» دەپ، خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسادا بولغان چەكسىز مېھىر-شەپقىتىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك — مانا بۇ نىجاتتۇر!

مۇسا پەيغەمبەر ئۇلۇغ ئىنسان بولغىنى بىلەن باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ھامان گۇناھكار ئىنسان ئىدى «چۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى» («رىم.» 23:3). ھەتتا مۇشۇ ئۇلۇغ ئادەمنىڭمۇ ۋاستىچىلىقىدا تۈزۈلگەن بىر ئەھدە ئىنسانىيەتنى

قوتقۇزۇش ئۈچۈن يەتمەيتتى. پەقەت خۇدا ئۆزى ئارقىلىقلا تۈزۈلگەن بىر ئەھدە مۇكەممەل، نۇقسانسىز بولۇپ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزالايدۇ.

«ئەمما «ۋاستىچى» بىر تەرەپنىڭلا ۋاستىچىسى ئەمەس (بەلكى ئىككى تەرەپنىڭكىدۇر)، لېكىن خۇدا ئۆزى پەقەت بىردۇر»!

## 3:23ـ26 تۇغرۇلۇق: ـ

3:23ـ24 «لېكىن ئېتىقاد يولى كېلىپ ئاشكارە بولغۇچە، بىز تەۋرات قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىپ، ئاشكارە بولىدىغان ئېتىقادنى كۈتۈشكە قاماپ قويۇلغاندۇق. شۇ تەرىقىدە، بىزنىڭ ئېتىقاد ئارقىلىق ھەققانىي قىلىنىشىمىز ئۈچۈن تەۋرات قانۇنى بىزگە «تەربىيىلىگۈچى» بولۇپ، بىزنى مەسىھكە يېتەكلىدى».

گرېتسىيە ۋە رىمدا مەرتىۋىلىك بايلار ئوغۇل باللىرىنى تولىمۇ ئەتراپلىق تەربىيلەش ئۈچۈن تېخى كىچىك چېغىدىلا «خوجىدار» (تەربىيىلىگۈچى) ياكى «بالا باققۇچى»نىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ئادىتى بار ئىدى (ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار باللىسىنى ئۇستازنىڭ قولىغا: — «جېنى مېنىڭكى، گۆشى سىزنىڭكى» دەپ تاپشۇرغاندەك). شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ ئىشلىرىغا شېرىك بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا تەربىيىلىگۈچى بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىشقا تولۇق مەسئۇل ئىدى. مەسئۇلىيەتچانلىقتا مۇناسىۋەتلىك قىيىن ساۋاقلارنى بالىغا پۇختا ئۆگىتىش ئۈچۈن خوجىدار بەك قاتتىق قوللۇق قىلاتتى، ئەلۋەتتە! تەۋرات قانۇنىمۇ ئوخشاشلا بىزگە ئۆزىمىزنىڭ پۈتۈنلەي ئىشەنچسىزلىكى، ئۆز ئۆزىمىزنى گۇناھدىن قۇتقۇزالمايدىغانلىقىمىز توغرىسىدىكى تەس بولغان ساۋاقنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ساۋاقنى ئۆگەنگەندىن كېيىن خۇش خەۋەرنى ئاڭلاشقا، شۇنداقلا خۇدانىڭ روھىدىن يېڭى ھايات قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىمىز: —

(3:25ـ26) «لېكىن ئېتىقاد يولى ئاشكارا بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز «تەربىيىلىگۈچى»نىڭ نازارىتىدە بولمىدۇق. چۈنكى ھەممىڭلار مەسىھ ئەيساغا ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق خۇدانىڭ ئوغۇللىرى بولدۇڭلار».

## (31-21:4) ساراھ ۋە ھەجەر ـ ھۆر ئايال ۋە قۇل دېدەكتىن ئېلىنغان ئوخشىتىش

بۇ ئايەتلەردىكى ھەققەتلەرنىڭ كۆپ پايدىسى بار؛ لېكىن روسۇل ئۇلارنى ئىخچام ھالدا ئىپادىلىگەن بولغاچقا، مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ تەلىمگە ئەستايىدىل قاراپ، مەنىسى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ تەتبىقلايمىز.

(22-21) «ئى تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىلكىدە ياشاشنى خالايدىغانلار، سىلەردىن شۇنى سوراپ باقاي، سىلەر تەۋراتنىڭ ئۆزىدە نېمە دېيىلگەنلىكىگە قۇلاق سالامسىلەر؟ تەۋراتتا، ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى دېدەكتىن، يەنە بىرى ھۆر ئايالدىن بولغان، دەپ خاتىرىلەنگەن».

ھەربىر ئىشەنگۈچى ئۈچۈن ھەرتۈرلۈك ئىش توغرۇلۇق «روسۇل پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ» دېيىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما پاۋلۇس شاپائەت بىلەن گالاتىيالىقلارغا دېگەنلىرىگە گۇۋاھچى بولۇشقا تەۋراتنى خىتاب قىلىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئىسپات ئالىدۇ.

تەۋرات («يار.» 25:11-27-باب)دە خاتىرىلەنگەن، ئىبراھىمنىڭ تارىخىنى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەرگە شۇ ئايەتلەردىكى ۋەقەلەرنى تونۇشتۇرۇشنىڭ ئانچە ھاجىتى بولمايدۇ؛ ئەمما ئوقۇمىغانلار ئۈچۈن تەپسىلاتلىرىنى قايتىلايمىز. ئىبراھىم خۇدادىن: «سېنىڭ بىر ئوغلۇڭ بولىدۇ، ئۇ ئۇلۇغ يېڭى پۈتكۈل بىر ئەلنىڭ ئەجدادى بولىدۇ» دېگەن ۋەدىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى (2:12). بۇ ۋەدە كېيىنمۇ «يار.» 6:15دە قايتىلاندى؛ شۇ يەردە «ئىبراھىم خۇدانىڭ سۆزىگە ئىشەندى» دەپ ئۇقتۇرۇلدۇق. ئۇ يەردە بىزگە ئاشۇ ئوغلىنىڭ ساراھ ئارقىلىق تۇغۇلىدىغانلىقى ئوچۇق دېيىلگەن ئەمەس؛ لېكىن ئىبراھىم خۇدادىن قورققان ئادەم بولۇپ خۇدانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئۆز يېگانە ئايالىم ئارقىلىق بولىدۇ، دەپ ئويلىشى كېرەك ئىدى، شۇنداقلا خۇدا ئۇنىڭ شۇنداق چۈشىنىپ يېتىشىنى خالىغان، دېيىشكە خاتا بولمايدۇ.

ھالبۇكى، ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن ۋەدە قىلىنغان ئوغۇل بالىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئىبراھىم ئۆزى قېرى بولۇپ، ئاز دېگەندە 85 ياشقا، ساراھ بولسا 76 ياشقا كىرگەنىدى. ساراھنىڭ بالا تۇغۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ساراھ ئۆزى ئىبراھىمغا، مېنىڭ مىسىرلىق دېدەكىمنى ئەمرىڭگە ئېلىپ ئۇ ئارقىلىق ئوغۇل تاپساڭمىكىن، دەپ تەشەببۇس قىلدى. شۇ يول بىلەن بولغاندا بالا ساراھنىڭكى دەپ ھېسابلىناتتى. ئىبراھىم ئايالىنىڭ پىلانىغا كىردى. ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تايىنىپ شۇنچە كۆپ شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ كېلىۋاتىدىغۇ! خۇدانىڭ ۋەدىسى ئۇلار كۈتكەن ۋاقىتدا ۋۇجۇدقا كەلمىسە، سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتۈشكە بەل باغلاشنىڭ ئورنىدا، ئۇلار «خۇدانىڭ ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەرمەكچى بولۇپ» ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى باشلايدۇ. ئەمدى خۇدا قاچاندىن بېرى ئىنسانلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ باققان؟! ئۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسى دائىم دېگۈدەك كۈلپەت بولىدۇ، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ئىبراھىم ھەجەرنى ئەمرىگە ئالدى ۋە ئۇ ھامىلدار بولدى. ئاۋۋال ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ كەتتى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھەجەر ساراھنى زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى؛ ئۇ ئوغۇل بالا تۇغسام بەلكىم ئۆزۈم ئىبراھىمنىڭ ئامراق ئايالى ئايلىنىپ قالارمەن! — دەپ ئويلىدى. ساراھ بۇ ئىشنى ئىبراھىمغا يەتكۈزدى؛ ئىبراھىم ئۇنىڭغا، ھەجەر سېنىڭ قۇلۇڭ، قولۇڭدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا نېمە قىلساڭ قىلغۇەرگىن، دېدى. نەتىجىدە، ھەجەر ھامىلدار بولغىنى بىلەن، ساراھ ئۇنى ئۆيدىن ھەيدىۋەتتى. نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك! ئەمما روشەنكى، بۇ ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەس ئىدى، چۈنكى «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ھەجەرگە چۆل-باياۋاندىكى يولدا كۆرۈنۈپ ئۇنى ساراھنىڭ قېشىغا قايتۇرۇپ ئەۋەتتى («يار.» 16-7:16).

ھەجەر ئوغلى ئىسمائىلنى تۇغدى. ئىبراھىم ئىسمائىلغا ئاتا بولۇپ ئۇنى سۆيدى، لېكىن قانداقتۇر بىر ئىش دۇرۇس ئەمەسدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. خۇدا ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلدى. بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئىسمائىل ئۆسۈپ چوڭ بولۇۋاتاتتى، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن خۇدا ۋەدە قىلغان ئوغۇلمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئىبراھىم دەل شۇنداق ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن بۇ بالىسىنىڭ تۇغۇلۇشىدا ئۇ باشقا ئىشلاردا ئۆزى گۇۋاھچى بولغان خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى ئايان قىلىنغان ئەمەس. ئەسلىدە ئىبراھىم خۇدانىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ پەلەستىن زېمىنىغا كىرگەنىدى. لېكىن ھازىر ئۆزىنى چاقىرغان پەرۋەردىگاردىن ھېچ سۆز ئاڭلىيالمايۋاتاتتى. زادى نېمە بولدى؟

خۇدانىڭ سۈكۈتلۈكى ئون ئىككى يىل داۋام بولدى. ئويلىمىغان يەردىن خۇدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا پەقەت سۆز قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئايان قىلدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئىبراھىمغا «مەن ھەممىگە قادىر خۇدادۇرمەن؛ ئالدىمدا مېڭىپ، مۇكەممەل ئادەم بول» دېدى.

خۇدا ئۇنىڭغا: «ساڭا ئوغۇل بالا تۇغۇلىدۇ» دېگەن ۋەدىسىنى قايتىدىن بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالاشقىنىنى ئەمدى روشەن بىلدى — خۇدا ۋەدە قىلغان ئوغۇل ئىسمائىل ئەمەس ئىدى. ئىبراھىمنىڭ «خۇداغا ياردەم بېرىدىغان» تىرىشىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولدى، ھەتتا خۇدانىڭ ئۆز سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قابىلىيىتىگە ھاقارەت كەلتۈرگەن، دېيىشكە بولىدۇ. ئەسلىدە ۋەدە قىلىنغان ئوغۇل ھازىر 90 ياشقا كىرگەن ساراھ ئارقىلىق تۇغۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئىبراھىم ئۆزىمۇ 99 ياشقا كىرگەنىدى!

پەقەت ئۇنداق شارائىتتا، «ئىنسانىي كۈچ»، ياكى ئىنجىلدىكى گەپ بىلەن ئېيتقاندا «ئەت» يوق بولغاندىلا، ئاندىن ئىسھاقنىڭ ساراھ ئارقىلىق تۇغۇتىنىڭ خۇدا ياراتقان ئېنىق ۋە تولۇق بىر مۆجىزە ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىشنىڭ شان-شۆھرىتى ئادەمگە ئەمەس، پەقەت خۇداغىلا كەلتۈرۈلىدۇ! ئىبراھىم خۇدادىن بۇ ئىككىنچى قېتىم ئىسھاق توغرۇلۇق ۋەدىسىنى ئاڭلىغىنىدا ئىبراھىم بۇ قېتىم «پۈتۈنلەي خۇداغا ئىشەندى»، دەپ خاتىرىلەنگەن. نەتىجىدە، ئۇ خۇدانىڭ ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى (ئابرام — شۆھرەتلىك ئاتا)نى ئۆزگەرتىپ «ئىبراھىم» («كۆپ ئەللەرنىڭ ئاتىسى») دېگەن يېڭى ئىسمىنى قويغانلىقىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ قايتىپ ئۆيدىكىلەرگە ۋە قوشنىلارغا يېڭى ئىسمىنى ئېيتقان چاغدا ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ نېمە ئويلىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ — «ئۇ ئۆزىنى نېمە چاغلايدىغاندۇ؟! كۆپ ئەللەرنىڭ ئاتىسىمىش تېخى! بىچارە ئالجىپ قالغان قېرى!». لېكىن ۋاقتى-سائىتى كېلىپ، خۇدانىڭ ۋەدىسى بويىچە شۇ يىل ئىچىدە ئىسھاق تۇغۇلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن پاۋلۇسنىڭ بۇ خېتىدە، ئىسھاقنى «ھۆر ئايالنىڭ ئوغلى» ۋە «خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن بولغان ئوغۇل» دەيدۇ؛ ئىسمائىلنى «دېدەكنىڭ ئوغلى» ياكى «ئەتلىك يولدا تۇغۇلغان ئوغۇل» دېگەن. دېمەك، ئىسمائىلنىڭ تۇغۇلۇشى ئىنساننىڭ خۇداغا تايانماي تىرىشىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى: —

(23-24) «دېدەكتىن بولغان ئوغۇل «ئەت بىلەن» تۇغۇلغان؛ ھۆر ئايالدىن بولغان ئوغۇل بولسا خۇدانىڭ ۋەدىسى ئارقىلىق تۇغۇلغاندۇر. بۇ ئىككى ئىشنى بىر ئوخشىتىش دېگىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى ئايال خۇدانىڭ ئىنسانلار بىلەن تۈزگەن ئىككى ئەھدىسىنىڭ ۋەكىلىدۇر. بىرىنچى ئەھدە سىناي تېغىدىن كېلىپ، دەرھەقىقەت بالىلىرىنى قۇللۇقتا بولۇشقا تۇغىدۇ؛ مانا ھەجەر ئۇنىڭغا ۋەكىلدۇر»

بىز ھازىر بۇ ئوخشىتىشنى تەھلىل قىلىمىز. دېمىسەكمۇ، «كونا ئەھدە»، يەنى تەۋرات قانۇنى مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسرائىلغا سىناي تېغىدا تاپشۇرۇلغان.

(25-26) «دېمەك، ھەجەر بولسا ئەرەبىستاندىكى سىناي تېغىغا سىمۋول قىلىنىپ، يەنى بۈگۈنكى يېرۇسالېمغا ئوخشىتىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ شەھەر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى قۇللۇقتا تۇرماقتا. ئەمما يۇقىرىدىن ئەرشتىن بولغان يېرۇسالېم ھۆردۇر، ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئانىسىدۇر».

ئۆزىنى خۇدانىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلالايمەن دەپ ھېسابلىغۇچى ئادەملەر ھەردائىم «ئەت»، يەنى ئىنسانىي تىرىشىشلارغا تايىنىدۇ. نەتىجىسى روھىي قۇللۇق، ئۈمىدسىزلىك، غېرىبلىك، بىمەنىلىك، دىمىقلىقتا بولۇپ ئىنتىلىشلا بولىدۇ، خالاس. پەقەت «ئەرشتىن تۇغۇلغان» («يۇھ.» 3:3نى، ئىزاھاتنى كۆرۈڭ)، ئۆز ئىچىدە خۇدانىڭ ھاياتى بولغانلار خۇدانى خۇرسەن قىلىپ ياشىيالايدۇ («رىم.» 8:1-10). «ئەرشتىن بولغان يېرۇسالېم» بولسا خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنىڭ تولۇق قانۇنىيەت-پرىنسىپىنى بىلدۈرىدۇ.

(27) «چۈنكى، مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان: —

«خۇشال بول، ئى پەرزەنت كۆرمىگەن تۇغماس ئايال!

تەنتەنە قىلىپ ياڭرات، تولغاق تۇتۇپ باقمىغان!

— چۈنكى غېرىپ ئايالنىڭ بالىلىرى ئېرى بار ئايالنىڭكىدىن كۆپتۇر!»

يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق كەلگەن بۇ بېشارەت ئىسرائىلنىڭ ھەر تەرەپتە مېۋىلىك بولىدىغان — كۆپ پەرزەنت كۆرىدىغان، ئەمما ئەڭ مۇھىمى روھىي تەرەپتە مېۋىلىك بولىدىغان كەلگۈسىدىكى بىر كۈننى كۆرسىتىدۇ. ئەمما مۇشۇ يەردە، پاۋلۇس بۇ بېشارەتتىن

ئىنسانىي تىرىشچانلىقلار ۋە ئىنسانىي كۈچ تۈگەپ ئاخىرلاشقىنىدىلا ئاندىن خۇدا ئۆز شان-شەرىپىنى ئايان قىلىپ ئىشلەيدۇ دېگەن تولۇق پرىنسىپىنى كۆرسەتمەكچى. خۇدا «تۇغماس ئايال»غا، ھەتتا «غېرىپ، ئەرسىز ئايال»غا پەرزەنتلەرنى ئاتا قىلىدۇ! خۇدا ئاۋۋال بىزگە «قايتىدىن تۇغۇلۇش» بولغان مۆجىزىنى ياراتمىسا، بىز ئۇنى ھېچ خۇرسەن قىلالمايمىز! پاۋلۇس سۆزىنى داۋام قىلىدۇ: —

(28-29) «ئەمدى ئى قېرىنداشلار، ئىسھاق خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن تۇغۇلغاندەك بىزمۇ خۇدانىڭ ۋەدىسى بويىچە تۇغۇلغان پەرزەنتلەرمىز. لېكىن ئۇ چاغدا «ئەتلەردىن تۇغۇلغان» بالا «روھتىن تۇغۇلغان» بالىغا زىيانكەشلىك قىلغىنىدەك، ھازىر شۇنداق بولىدۇ».

پاۋلۇسنىڭ بۇ ئاخىرقى بايانى ئىسھاق تۇغۇلغاندىن كېيىن بولغان ۋەقەلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىسھاقنىڭ ئاكىسى ئىسمائىل ئىنىسىنىڭ ئورنىدىن ھەسەت قىلاتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن خېلى چوڭ ۋە كۈچلۈك ئىدى. ئۇ دائىم ئىنىسىنى مازاق قىلاتتى. بۇ ئىش جامائەتلەر كۆرگەن ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ دەسلەپتە جامائەتلەرگە قارشى زىيانكەشلىك قوزغىغۇچىلارنىڭ كۆپ بىر قىسمى يەھۇدىيلار ئىدى. زىيانكەشلىكنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ — ھەسەتخورلۇق ئىدى! ئۇلار ھەسەتخورلۇق قىلىپ «بۇ يات ئەللىكلەر نېمىشقا شۇنداق بەختلىك، نېمە ئۈچۈن ئۇلار خۇدانىڭ ئۆزى تاللىۋالغان خەلقى بولغان بىزلەرگە ئەسىرمۇئەسىر تاپشۇرغان قىممەتلىك ۋەدىلىرىگە مىراسخور بولدۇق دېگۈچى بولالايدۇ؟! ئۇلار بەربىر پەقەت يات ئەللەردىن، بۇتپەرەس تۇغۇلغانلار، خالاس! ئۇلارنىڭ نىجاتقا ئېرىشىش ھوقۇقى يوقتۇر!...» دەيدۇ.

(30) «لېكىن مۇقەددەس يازمىلاردا نېمە دېيىلگەن؟ ئۇنىڭدا: «سەن بۇ دېدەكنى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ھەيدىۋەت! چۈنكى دېدەكتىن تاپقان ئوغۇل ھەرگىز ھۆر ئايالدىن بولغان ئوغۇل بىلەن مىراسقا ئورتاق بولمايدۇ!» دەپ پۈتۈلگەن».

سارا ئىسمائىلنىڭ ئىسھاقنى بولغان مۇئامىلىسىنى كۆرۈپلا ئىبراھىمدىن يۇقىرىقىدەك سۆزلەر بىلەن («يار.» 10:21) ھەجەر ۋە ئىسمائىلنى كەتكۈزىۋېتىشنى ئۆتۈندى. ئىبراھىمنىڭ قولى ۋەھالەنكى ئۇنداق قىلىشقا بارمىدى. لېكىن كۆتۈلمىگەن يەردىن خۇدا

ئۇنىڭغا: «ئاياللىڭنىڭ سۆزىگە كىرگىن» دېگەن  ۋەھيىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەجەرنى ئوغلى بىلەن چۆل-باياۋان يولىغا سالدى.

بىز بۇنىڭدىن ئالغان روشەن پرىنسىپ بولسا، «قانۇن»غا ۋە ئۇنىڭغا قارايدىغان ئىرىشىشلارغا تايىنىدىغان قىلچىلىك ئىز-پۇراقنىمۇ ھاياتىمىزدىن ھەيدىۋېتىشىمىز زۆرۈردۇر. پەقەت ئاشۇ يولدا «مەسىھ بىزنى ھۆرلۈكتە ياشىسۇن دەپ»، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئازادلىقتا ياشايمىز.

مۇشۇ يەردە بۇ ۋەقە توغرۇلۇق ئېيتىمىزكى، خۇدا ئەسلىدە ھەجەرگە ئېيتقان: «سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ ئۇلۇغ بىر ئەلنىڭ ئاتىسى بولىدۇ» دېگەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇلاردىن خەۋەر ئالدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسمائىل بىجىرىم ئۆسۈپ ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئەجدادى بولۇپ چىقتى.

## خۇلاسە: ـــ

(1:5-31:4) «ئەمدى، قېرىنداشلار، بىز دېدەكنىڭ ئەمەس، بەلكى ھۆر ئايالنىڭ پەرزەنتلىرىدۇرمىز. مەسىھ بىزنى ئەركىنلىكتە ياشىسۇن دەپ ھۆر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا تايان تىرەپ تۇرۇڭلار ۋە قۇللۇقنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا  قايتىدىن قىسىلىپ قالماڭلار!».

ئامىن!

3:5 «مەن خەتنىنى قوبۇل قىلغان ھەربىر كىشىگە يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ ھەقىقەتنى ئېيتىپ قويايكى، ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى بارلىق ئەمر-بەلگىلىمىلەرگە تولۇق ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى باردۇر».

بۇ قورقۇنچلۇق باياندۇر ۋە دەرۋەقە قەستەن شۇنداق بولسۇن دەپ ئېيتىلغان. ئەمما ئوقۇرمەنلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، بۇ بايان خەتنىنى قوبۇل قىلىپ نىجاتقا ئېرىشىمەي دېگەنلەرگە، ياكى شۇنداق قىلىپ ئۆز نىجاتىمىزغا «ئارتۇق بىر ئىش قوشاي» دېگەنلەرگە ئېيتىلىدۇ. قايتىلايمىز: مەسىھنىڭ قۇربانلىقىدىن باشقا ھېچنەرسە ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بەدەل تۆلىيەلمەيدۇ ۋە شۇنداقلا خۇدانىڭ ئۆز روھىنىڭ

ئىنساندا ياشىغىنىدىن باشقا خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان مېۋىلەر بولمايدۇ. بىرسى: «مەن ئۆزۈم تىرىشىپ ھەققانىي ئادەم بولاي» دەپ خىيال قىلسا، ئەمدى ئۇنىڭغا ھەقىقىي ھەققانىيلىقنى كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر ھەققانىي قانۇن بولسا تەۋرات قانۇنىدۇر. ئۇنداق كىشى ئۆزىگە: «ھەققانىي ئادەم بولاي» دېگەن مەقسەتتە خەتنىنى قوبۇل قىلغان بولسا پەقەت تەۋرات قانۇنىنىڭ ئاشۇ تەلىپىگە ئەمەل قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق ئەمر-بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك؛ شۇنداق قىلىپ باققان ۋە مەڭگۈگىچە شۇنداق قىلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار بولغان بىردىنبىر كىشى مەسىھ ئۆزىدۇر.

مۇسۇلمانچە ئەنئەنە پەقەت ئەرەبلەرنىڭكىگە ئەگىشىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى ئىسمائىلدىن قوبۇل قىلغان، ئىسمائىل ئاتىسى ئىبراھىمدىن قوبۇل قىلغان. گۆدەك باللارنىڭ شۇ مۇسۇلمانچە ئەنئەنىگە ئەگىشىپ خەتنە قىلىنىشىدا ئەينى ۋاقىتتا ھېچقانداق تاللاش يولى بولمىغان، ئەلۋەتتە. لېكىن ھېچكىم خەتنە قىلىنغىنىم خۇدا ئالدىدا مېنىڭ پاكىز ئادەم بولۇشۇمغا ئەسقاتىدۇ ياكى ياردەم بېرىدۇ، دېگەن خىيالدا بولمىسۇن. ئۇنداق خام خىيال ئادەمنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ.

«چۈنكى مەسىھ ئەيسادا نە خەتنىلىك نە خەتنىسىزلىك دېگەنلەر كۆچكە ئىگە ئەمەستۇر؛ بىردىنبىر كۆچكە ئىگە بولىدىغىنى پەقەت يېگى بىر يارالغۇچىدۇر» (15:6).

## ئىنجىل 10-قىسىم

# «ئەفەسۇسلۇقلارغا»

## روسۇل پاۋلۇس ئەفەسۇس شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان سالام مەكتۇپ

### كىرىش سۆز

خۇش خەۋەرنى تارقىتىش سەۋەبىدىن رىم شەھىرىدىكى زىندانغا سولانغان روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئەفەسۇس جامائىتىدىكىلەرگە يازغان بۇ مەكتۇپىنى، ئىنجىل ئىچىدە «تەلىماتنىڭ يۇقىرى پەللىسى» دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن ۋەھىيلەر مۇقەددەس كىتاب ئىچىدە مەنىسى ئەڭ چوڭقۇرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئەفەسۇس شەھرى ھازىر خارابىلىك بولۇپ، ھازىرقى تۈركىيەدىكى «سەلجۇك» دېگەن شەھەرگە يېقىن.

## مەزكۇر خەت كىمگە قارىتا يېزىلغان؟

ئىلگىرى روسۇل پاۋلۇس ئەفەسۇس شەھرىدە ئون سەككىز ئاي تۇرۇپ، بۇ جايدىكى جامائەتكە تەلىم بەرگەنىدى. ئۇ بۇ جامائەتكە نىسبەتەن خۇدانىڭ ئاساس سالغۇچى قورالى بولغانىدى (ئىنجىل، «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 19-بابنى كۆرۈڭ).

خەتنى تەپسىلى ئوقۇيدىغان بولساق، بىزگە خەتتىكى بەزى سۆزلەر غەلىتە تۇيۇلىدۇ،

مەسلەن: «سىلەرنىڭ رەب ئەيساغا باغلىغان ئېتىقادىڭلار ۋە بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرگە بولغان مۇھەببىتىڭلار توغرۇلۇق ئاڭلىغاندىن تارتىپ...» (14:1)، «سىلەر بەلكىم... خۇدانىڭ ماڭا ۋەھيي بىلەن سىرنى ئايان قىلغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەردار بولسىلەر» (3-2:3). بۇ سۆزلەر، پاۋلۇسنى خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچىلار بىلەن ئەزەلدىن تونۇشمايدىغاندەك تۇيغۇنى بېرىدۇ.

خەتنىڭ بەزى ساقلىنىپ قالغان كونا كۆچۈرمىلىرىدە، بېشىدىكى «ئەفەسۇستىكى مۇقەددەس بەندىلەرگە...» دېگەن سۆزلىرىدىكى «ئەفەسۇستىكى» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ. پاۋلۇسنىڭ خەتتە ئەفەسۇستىكى جامائەتتىكى ئايرىم شەخسلەر توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلەر ئىنتايىن ئازدۇر؛ بىراق خەتنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ «ئەمدى سىلەر مېنىڭ توغرامدىكى ئىشلاردىن... خەۋەرلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سۆيۈملۈك قېرىندىشىم ... بولغان تىكىكۇس سىلەرگە ھەممە ئىشلارنى مەلۇم قىلىدۇ... ئۇ... كۆڭلۈڭلارنى رىغبەتلەندۈرگەي...» دەپ يازىدۇ (22-21:6). بۇ سۆز پاۋلۇسنىڭ خەتنى ئوقۇغۇچى جامائەتكە ھەقىقەتەن تونۇش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇنداقتا بىز يۇقىرىدىكى زىتلىقنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟ بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب ئىنتايىن ئاددىي. پاۋلۇس زىنداندا ياتقاندا خىزمەتدىشى تىكىكۇس ئارقىلىق ئاز دېگەندە ئۈچ پارچە خەتنى جامائەتلەرگە يوللىغان. خەتلەر ئىچىدە، پاۋلۇسنىڭ يۇز تۇرانە كۆرۈشمىگەن كولوسسىدىكى جامائەتتىكىلەرگە يوللىغان خېتىمۇ بار («كول.» 1:2، 7:4، 16نى كۆرۈڭ). ئىشىنىمىزكى، «ئەفەسۇسلۇقلارغا» يېزىلغان مەكتۇپ پاۋلۇسنىڭ «پۈتكۈل جاھاندىكى جامائەت» توغرۇلۇق ئۇزى قوبۇل قىلغان ۋەھيىلەرنىڭ تولۇق بايانى بولسۇن دېگەن مەقسەتتە يېزىلغان. شۇڭا ئۇ ئۇنى «ئاممىۋىي خەت» سۈپىتىدە، بىرنەچچە نۇسخا كۆچۈرۈپ باشقا جامائەتلەرگە يوللاشنى تاپىلىغان. تىكىكۇسنىڭ ۋەزىپىسى «ئەفەسۇستىكى مۇقەددەس بەندىلەرگە» دەپ يېزىلغان خەتنى ئەفەسۇستىكى جامائەتكە، باشقا جامائەتلەرگە ئەۋەتىلگەن كۆچۈرمىلەرنى باشقا جامائەتلەرگە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. باشقا كۆچۈرمىلەردە «ئەفەسۇستىكى مۇقەددەس بەندىلەرگە» دېگەن سۆز يوق ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇ باشقا كۆچۈرمىلەرنىڭ بېشىدا پەقەت: «مۇقەددەس بەندىلەرگە، يەنى مەسىھ ئەيسادا ئىخلاسمەن بولغانلارغا...» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئىبارە بارلىق ئىشەنگۈچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇڭلاشقا بۇ مەكتۇپ بىرگىمۇ يېزىلغان بولىدۇ. «كول.» 16:4دە تىلغا ئېلىنغان (لائودىكىيەدىكىلەرگە يېزىلغان) خەت دەل ئاشۇ

كۆچۈرمىلەردىن بىرى دەپ قارايمىز (لائودىكىيە كولوسسىگە يېقىن ئىدى). خۇداغا تەشەككۈر، بۇ خەتلەر بىز ئۈچۈن ساقلىنىپ قالغان!

بىز تۆۋەندە مەزكۇر كىتابتىكى ۋەھىيلەردە ئىشلىتىلگەن بەزى سۆزلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. بۇ سۆزلەر ئالاھىدە مەنىدە ئىشلىتىلگەن؛ ئەگەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ جەھەتتە چۈشەنچىسى بولمىسا، بەزى ئۇقۇشماسلىق ياكى چۈشەنمەسلىكلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنگە خەتنىڭ بەزى جايلىرىنى چۈشىنىش تەس تۇيۇلسا، ئۇلارنىڭ خۇدادىن ياردەم تىلەپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەتتا روسۇل پېترۇس بىر خېتىدە خىزمەتدىشى پاۋلۇس توغرۇلۇق: «ئۇنىڭ مەكتۇپلىرىدە بەزى چۈشىنىش تەس ئىشلار بار...» دەپ يازغان. خۇداغا تەشەككۈر، «چۈشىنىش تەس» دېگىنى «چۈشىنىشكە بولمايدۇ» دېگەنلىك ئەمەستۇر. ئىشىنىمىزكى، خۇدا ھەرقايسىمىزغا چۈشىنىش قابىلىيىتى ئاتا قىلىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر يەنە «رىملىقلارغا» (رىمدىكى جامائەتكە) يېزىلغان مەكتۇپكە قوشقان «كىرىش سۆز»ىمىزدىن پايدىلانسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدا: «روھ»، «جان»، «تەن»، «ئەت»، «ئەتلىك» ياكى «ئەتلەر» قاتارلىق مۇھىم ئىبارىلەر تونۇشتۇرۇلغان.

«مەسىھتە» دېگەن ئىبارە توغرۇلۇق قايتىلايمىز: — «بۇ بەلكىم روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبارىلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ مەنىسى: «مەسىھنىڭ خوجايىنلىقى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا، مەسىھ بىلەن بىر بولغاندا، مەسىھكە باغلانغاندا، مەسىھكە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇنىڭدىن ئىلتىپات، كۈچ-قۇدرەتنى ئالغاندا...» قاتارلىقلاردۇر. «رەبدە»، («رەببىمىزدە») ياكى «مەسىھ ئەيسادا»، «روھتا» ۋە «خۇدادا» دېگەن ئىبارىلەرمۇ يەنە رەبكە ياكى مەسىھ ئەيساغا، (مۇقەددەس) روھقا ۋە خۇداغا نىسبەتەن ئوخشاش بولغان تەرەپتىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدۇ».

## «مۇقەددەس بەندىلەر»

گرېك تىلىدا بۇ بىرلا سۆز «مۇقەددەسلەر» («خاگىئوي») دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىنجىلدا «مۇقەددەس» دېگەن سۆز ئىبرانىي ھەم ئەرەب تىلىدىكى

«قۇدەش» ياكى «قۇددۇس»نىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ — دېمەك، مەنىسى «خۇداغا ئالاھىدە مەنسۇپ»، «خۇداغا ئايرىلغان»، «خۇداغا ئاتاپ»، «مۇتلەق پاك» دېگەنلىكتۇر.

خۇدانىڭ «مۇقەددەس بەندىلەر»ى بولسا ئۇنىڭ ئالاھىدە ئۆزىنىڭ قىلغان خەلقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ «مۇقەددەس» دەپ ئاتالغىنى، يەنى «مۇقەددەس قىلىنغانلىق»ى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇلارنى گۇناھدىن قۇتقۇزۇشىدىن بولىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى «ھەققانىي قىلىش» توغرۇلۇق ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ.

## «سىر»

ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان «سىر» (گرېك تىلىدا «مىستېرىئون») خۇدا ئەسلى يوشۇرۇپ كەلگەن، مانا ئەمدى ئاشكارىلىغان مەلۇم بىر ئىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنجىلدىكى «سىرلار»نى مەلۇم جەھەتلەردىن «سىرلىق»، ياكى «چۈشىنىش تەس» دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن بىرىنچى تۈپ مەنىسى بۇ جەھەتلەرنى كۆزدە تۇتمايدۇ، ئەكسىچە «خۇدا ئاۋۋال يوشۇرغان، ئاندىن ئاشكارىلىغان ئىش»نى كۆرسىتىدۇ.

## «”جامائەت“ توغرۇلۇق سىر»

ئىنجىلدا «جامائەت»نىڭ تۆۋەندىكى مەنىلىرى بار: —

(1) پۈتكۈل جاھاندىكى (ئۇ دۇنيادىكى ھەم بۇ دۇنيادىكى) مەسىھكە تەۋە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ دېمەك، توۋا قىلىپ، مەسىھكە ئېتىقاد باغلاپ خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق يېڭى ھايات (خۇدانىڭ ئۆز ھاياتى)نى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ھەممىسى، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىدۇر.

(2) ئۆلگەن چاغدا، خۇدانىڭ ھاياتىغا ئىگە بولغانلارنىڭ روھلىرى مەسىھنىڭ دەرگاھىغا بىۋاستە ئۆتىدۇ؛ خۇدا تىرىلىش كۈنىدە بۇ روھلارنى «يېڭى تەن» بىلەن كىيىندۈرگۈچە ئۇلار مەسىھ بىلەن بىللە تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جامائەتنىڭ بىر قىسمى زېمىندا، يەنە بىر قىسمى جەننەتتە مەسىھ بىلەن بىللە بولىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

(3) مەلۇم بىر جايدا مەسىھكە تەۋە بولغان بارلىق كىشىلەرنى شۇ جايدىكى «جامائەت» دېيىشكە بولىدۇ.

مەزكۇر مەكتۇپنىڭ مەقستى دەل «جامائەتنىڭ سىرى» توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىشتىن ئىبارەت. «خۇش خەۋەر»نىڭ ئۆزىمۇ بىر «سىر» ئەمەس؛ ئىسرائىلدىكىلەر ھەم «يات ئەللىكلەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر)نىڭ مەسىھكە ئىمان ئېيتىپ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىمۇ بىر «سىر» ئەمەس؛ چۈنكى بۇ ئىشلار تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ۋەدە قىلىنغان ھەم ئالدىنئالا ئېيتىلغاندى. پاۋلۇس «رىملىقلارغا» يازغان خېتىدە بۇنى بىزگە ئۇقتۇرىدۇ (1:2). لېكىن «ئەفەسۇسلۇقلارغا» يازغان خېتىدە ئۇ بىزگە، مەسىھ ئەيسا دۇنياغا تۇنجى قېتىم كەلگەنگە قەدەر «جامائەتتىكى ئىشلار» پەيغەمبەرلەرگە بىۋاستە ۋەھيي قىلىنغان ئەمەس، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. دېمەك، «جامائەت»نىڭ ئۆزى چوڭ بىر «سىر»دۇر. ئىلگىرىكى چاغلاردا جامائەت توغرۇلۇق ھېچقانداق ۋەھيينىڭ بولماسلىقىنىڭ تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئالاھىدە تەرەپلىرى بار: —

(ئا) خۇدا مەسىھنى پۈتكۈل ئالەمنىڭ ھەممىسىگە باش قىلىپ ئۇنىڭدا ھەممىنى بىرلەشتۈرىدۇ؛ بۇ ئىش ئارقىلىق ئۇنىڭ شان-شەرىپى چەكسىز ئايان قىلىنىدۇ (10:1).

(ئە) «جامائەت» خۇدانىڭ نادىر ھۈنىرى ھەم ئىجادىيىتى بولۇپ (10:2)، ئۇ ئۇنىڭ ئەمەللىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ، ئالەمچە بولغان بارلىق نىشان-مۇددىئالىرىنىڭ مەركىزى ۋە روشەن نەمۇنىسىدۇر (10:3).

(ب) «يات ئەللىكلەر» (يەھۇدىي ئەمەسلەر) يەھۇدىي خەلقى بىلەن بىللە خۇدانىڭ مەسىھتە بولغان بايلىقلىرىغا ئورتاق مىراسخور بولىدۇ (2:11-22).

(پ) «يات ئەللىكلەر» يەھۇدىيلار بىلەن تەڭ مەسىھنىڭ تېنى، يەنى جامائەتتىكى ئورتاق ئەزالار بولىدۇ (6:3).

(ت) جامائەت «مەسىھنىڭ ياتلىق بولغان قىزى»دۇر (5:22-33).

مۇنداق ئوخشىتىشنىڭ مەنىسى دەل شۇكى، يىگىت ئۆز ئەمرىگە ئالىدىغان قىزنى تويدا ئۆزىگە ھازىر قىلغاندەك، مەسىھ جامائەتنى ئۆزىگە كۈيۈپ پىشقان، تولىمۇ ساپ دىللىق، سادىق بولغان قىز سۈپىتىدە ئۆزىگە ھازىر قىلىدۇ. توي بولسا جەننەتتە بولىدۇ («ۋەھ.» 7:19-9، 9:21-10نى كۆرۈڭ).

جامائەت مەزكۇر خەتتە تۆۋەندىكى مەنىلەردە تونۇشتۇرۇلىدۇ: —

## (ئا) خۇدانىڭ ئائىلىسى

جامائەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى خۇدانى شەخسەن «ئاتام» دەپ تونۇيدۇ (5:1، 19:2، 1:5، قاتارلىقلار).

## (ئە) مەسىھنىڭ تېنى (6:3، 16:4)

مەسىھ ئۆز تېنىنىڭ بېشىدۇر؛ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بارلىق ئادەملەر «ئۇنىڭ تېنىدىكى ئەزالار»دۇر. ئادەمنىڭ جىسمانىي تېنىدىكى ئەزالارغا ئوخشاش، مەسىھنىڭ تېنىدىكى ھەربىر ئەزانىڭ ئۇنىڭغا خاس رولى ۋە فۇنكسىيەسى باردۇر. تەندىكى ئەزالار (ھەربىر ئېتىقادچى) خۇدانىڭ تىلسىمات پىلانى بويىچە بىر-بىرىگە باغلىنىپ، بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ (16:4)؛ ۋە جىسمانىي تەندىكى ئەزالارغا ئوخشاش، ھەربىر ئەزانىڭ باشقا ئەزالار بىلەن باغلانغان مۇناسىۋەت-ئالاقىسى بولىدۇ. مەسىھ ھازىر ئەرشلەردە «باش» بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەر يۈزىدە «تېنىدىكى ئەزالار» بولغان ئېتىقادچىلار ئارقىلىق كۆرۈنىدۇ ۋە ئىش بېجىرىدۇ.

## (ب) مەسىھنىڭ ياتلىق بولىدىغان قىزى

خۇدا ئادەمئاتىمىزنى چوڭقۇر ئۇيقۇغا غەرق قىلىپ، ھاۋائانىمىزنى ئۇنىڭ يېقىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ، ئاندىن ھاۋائانىمىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. جامائەت بولسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدە ئۇنىڭ قېشىدىن خۇدا تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىپ، ئاندىن مەسىھكە «ياتلىق بولىدىغان قىز» سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنغان (27:5-32). توي بولسا مەسىھ يەر يۈزىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەرشتە ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ يىگىتنىڭ قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قىزنى قوبۇل قىلىپ ئاندىن ئۆز ئۆيىگە شاد-خۇراملىقتا ئاپارغىنىدەك، مەسىھ يەرگە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا تەۋە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىدىن ئېلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئەرشكە ئېلىپ كېتىدۇ («1تېس.» 4:11-15، «ۋەھ.» 6:19-9، 9:21-10).

## (پ) خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى

مەسىھكە ئىمان كەلتۈرگەن ھەربىر ئادەم خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ بىر «تىرىك تېشى»غا ئوخشايدۇ. ئىبادەتخانا باشقا ھەرقانداق ئىمارەتكە قىلچە ئوخشىمايدۇ؛ ئۇ تىرىك، ئۇنىڭ ئۆستىگە

ئىزچىل ئۆسۈپ يېتىلمەكتە! مەسىھ بولسا دەل ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلىنىڭ «بۇرجەك تېشى»دۇر (20:2ـ22). «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

## (ت) خۇدانىڭ نادىر ھۈنىرى (10:2)

خۇدا جامائەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىك دانالىقىنى ھەتتا پەرىشتىلەرگە ۋە جىن-شەيتانلارغىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىش ھازىر يۈز بەرمەكتە ھەم كەلگۈسىدە تېخىمۇ روشەن ھالدا كۆرۈنىدۇ.

## (ج) خۇدانىڭ «مۇكەممەل جەۋھىرى»

خۇدانىڭ «مۇكەممەل جەۋھىرى» مەسىھتە تېپىلىدۇ؛ مەسىھ ئۆزى شەخسەن جامائەتنىڭ ۋۇجۇدىدا، ھەربىر ئەزانىڭ روھ-قەلبىدە تۇرغاچقا، جامائەتنىمۇ ئۇنىڭ «مۇكەممەل جەۋھىرى» دېگىلى بولىدۇ (23:1، 13:4، «كول.» 19:1، 9:2).

## (چ) خۇدانىڭ «يېڭى ئادەم»ى

ئادەمئاتىمىز ئەسلىدە «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى» بولسۇن دېگەن مەقسەتتە يارىتىلغانىدى؛ لېكىن ئۇ گۇناھ سادىر قىلدى. مەسىھ مۇكەممەل ئادەم، «ھەقىقىي ئادەم» بولۇپ، «خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازى»، يەنى خۇدانىڭ «يېڭى ئادەم»ىدۇر. ئۇ «ھەقىقىي ئادەم» سۈپىتىدە بولۇپ، خۇدانى ھەرتەرەپتىن تولۇق مەمنۇن قىلغان.

جامائەت مەسىھتە بولغاچقا، «مەسىھنىڭ تېنى» بولغان جامائەتنىمۇ «خۇدانىڭ يېڭى ئادىمى» دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، جامائەت «خۇدانىڭ يېڭى ئادىمى» سۈپىتىدە خۇدانىڭ خاراكتېرىنى، ئۇنىڭ قانداق بىر خۇدا ئىكەنلىكىنى دۇنياغا تونۇتىدۇ (15:2، 13:4).

## خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى؛ ئوغۇللۇققا (پەرزەنتلىككە) قوبۇل قىلىش

ئىنسانلار ئەسلى گۇناھكار بولۇپ، خۇدادىن ئايرىلىپ قالغانىدى؛ خۇدا ئۆزىنىڭ نىجاتلىقىدىكى مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپلا قالماي،

ئۇلارنى ئوغۇل سۈپىتىدە ئۆز ئائىلىسىگە قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئىلتىپات «ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىنىش» دېيىلىدۇ. خۇدانىڭ بۇ ئىشلاردىكى شەپقىتىنى نېمىگە ئوخشاتساق بولار؟ بىر مۆتىۋەر كىشى نامرات يېتىم بالا ئوغرىلىق قىلىشقا ئۆز ئۆيىگە سوقۇنۇپ كىرگەندە ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇنى جازالىماي، ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىپ، جىنايىتىنى كەچۈرۈم قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇ بىچارە بالىنى ئۆز بالىسىدەك ئائىلىسىگىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. خۇدانىڭ بىزگە كۆرسەتكەن شەپقىتى مانا مۇشۇنداق مېھىر-شەپقەتتۇر!

قىز-ئايال ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇچۇن شۇنى دېيىشىمىزغا توغرا كېلىدۇكى، ئىنجىل بويىچە «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» دائىم ئېتىقادچى قىز-ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ! ئوخشاشلا «قېرىنداشلار» (گرېك تىلىدا «ئاكا-ئۇكىلار») دېگەن سۆز دائىم ئېتىقادچى قىز-ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ! (مەسىلەن، «گال.» 28:3نى كۆرۈڭ).

## ھۆر قىلىنىش

«ھۆر قىلىنىش» دېگەن گرېك تىلىدا «ئاپولۇتروسىس» دېگەن سۆز بولۇپ، ئادەتتە قۇلنى قۇللۇقتىن ھۆر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ؛ شاپائەتچى پۇل بېرىپ ئۇنى ھۆرلۈككە چىقىرىپ ئەركىن قىلىدۇ. روسۇل ئۇشبۇ خەتتە ئېيتقان قۇللۇق گۇناھنىڭ ۋە جىن-شەيتانلارنىڭ ئىلكىگە ئەسىر بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

«تەۋرات» تەرجىمىلىرىمىزنىڭ بىرقانچە جايلىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەۋرات دەۋرىدە قۇلنىڭ ھەمجەمەتتىكىلىرىنىڭ (ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ) ئۇنى قۇللۇقتىن سېتىۋېلىش قانۇنىي ھوقۇقى بار ئىدى. ھەمجەمەتى ئىختىيارەن شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلسە، بۇ ئىش «ھەمجەمەت-قۇتقۇزۇش» («گائال») دېيىلىدۇ.

ئىنجىل بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ «ھۆر قىلغۇچى»، «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»سى دەل ئەيسا مەسىھدۇر. ئادەمنى گۇناھنىڭ ۋە شەيتاننىڭ قۇللۇقىدىن ھۆر قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئۆز قۇربانلىق قېنىنىڭ قىممىتىدە بەدەل تۆلىگەن. ئۇ شۇ بەدەلنى كىمگە تۆلىگەن؟ بۇ بەدەل ھەرگىز شەيتانغا ئەمەس، بەلكى خۇدائاتىسىنىڭ مۇكەممەل ئادىللىقىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر؛ گۇناھكارلارنى كەچۈرۈم قىلىش، ھۆر قىلىش ئۈچۈن بىرسى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرۈشى كېرەك.

خۇدانىڭ ئىنسانلارنى «ھۆر قىلىش»دا ئۈچ باسقۇچ باردۇر: —

(ئا) مەسىھ كرېستكە مىخلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ روھى، جېنى ھەم تېنىنىڭ خۇداغا قايتىدىن تەۋە بولۇپ، گۇناھنىڭ بارلىق تەسىرىدىن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ.

(ئە) بىر كىشى نىجاتلىقنىڭ خۇش خەۋىرىگە ئىشىنىپ ئۆزىنى خۇداغا تاپشۇرغىنىدا، خۇدانىڭ ئالدىدا ئۇ ھۆر بولىدۇ. گۇناھ ياكى شەيتاننىڭ ھۆر قىلىنغان كىشىنى يەنە باشقۇرۇش كۈچى ياكى ھوقۇقى يوقتۇر. ئۇنىڭ روھى ۋە جېنى يېڭى ھەم ئەركىندۇر؛ بىراق ئۇنىڭ تېنى يەنىلا ئۆلىدىغان شۇ «كونا تەن»دۇر («رىم.» 8:10-11).

(ب) تىرىلىش كۈنىدە، ئىشەنگۈچىلەر يېڭى بىر تەننى قوبۇل قىلغىنىدا «ھۆر قىلىش» كامالەتكە يېتىدۇ. شۇڭا شۇ كۈن يەنە «ھۆر قىلىنىش كۈنى» دېيىلىدۇ (14:1، 30:4).

## مۇقەددەس روھنىڭ «كاپالەت» بولۇشى؛ «مۇقەددەس روھ بىلەن مۆھۈرلىنىش» («تامغىلىنىش»)

روسۇل پاۋلۇس خەتلىرىدىكى بىرنەچچە جايدا مۇقەددەس روھنىڭ ئىشەنگۈچىلەرگە «كاپالەت» سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ (مەزكۇر مەكتۇپتا 14:1).

خۇدا مۇقەددەس روھنىڭ ئىشەنگۈچى ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئاجايىپ، مۆجىزىلىك ئىشلەيدىغىنىنى مەسىھ ئارقىلىق ئېتىقاتچىلارغا ۋەدە قىلغان. مۇقەددەس روھنىڭ ئېتىقادچىلارنىڭ قەلبىدە قىلغان خىزمىتى ئېتىقاتچىلارغا باقىي دۇنيادىكى بەخت-بەركەتلەر ۋە قابىلىيەتلەردىن بىر قىسمىنى بىزگە تېتىتىدۇ. مۇقەددەس روھ شۇنداق قىلىپ، ھەممىمىزگە باقىي دۇنيادىكى شۇ بەخت-بەركەتلەر ۋە قابىلىيەتلەر ھەقىقىي مەۋجۇت بولىدىغىنىنى ئالدىن ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا روسۇل پاۋلۇس مۇقەددەس روھنى «خۇدانىڭ كاپالىتى» ياكى پەقەت «كاپالەت» دەيدۇ. چۈنكى بىزنىڭ روھ-قەلبىمىزدە مۇقەددەس روھ بولسا كەلگۈسىدىكى بەخت-بەركەتلەر، جۈملىدىن «يېڭى تەن»دە تىرىلىشىمىزغا ۋە بىزنى تولۇق «مەسىھكە ئوخشاش»، گۇناھسىز، داغسىز، قۇسۇرسىز قىلىنىپ چىقىشىمىزغا كاپالەت بولىدۇ.

قەدىمكى گرېك تىلىدا «كاپالەت» دېگەن سۆز «كاپالەتلىك ئۆزۈك» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرەتتى. يىگىت ياتلىق بولىدىغان قىزغا ئۆزۈك سىلىپ قويسا، ئۆزۈك ئۇنىڭغا «مەن چوقۇم سېنى ئەمرىمگە ئالىمەن» دېگەن كاپالەت سۈپىتىدە بولاتتى. مەسىھ ئۆز جامائىتىگە «كېلەر دۇنيادا مەڭگۈگە بىللە بولىمىز» دېگەن ۋەدىسىگە كاپالەت سۈپىتىدە ئۆز مۇقەددەس روھىنى ئاتا قىلىدۇ.

روسۇل يەنە بىزنى «روھ بىلەن مۆھۈرلەنگەن» دەيدۇ (1:13، 4:30).
ئەمەلىيەتتە «روھ بىلەن مۆھۈرلىنىش» بىلەن «كاپالەت بېرىش» بىر-بىرگە زىچ
ماسلىشىپ كېلىدىغان ئىشلاردۇر؛ لېكىن كۆزدە تۇتۇلغىنى بىزنىڭ خۇدا ئالدىدا «ھۆر
قىلىنىش كۈنى»گىچە ئىمان ۋە مۇھەببەت ئىچىدە ساقلىنىشىمىزدۇر. پادىشاھ ئۆز
مۆھۈرى، پېچەتى ياكى تامغىسىنى مەلۇم بىر خەت ياكى بۇيرۇقنامىغا باسقان
بولسا، خەت-بۇيرۇقنامىنى ئەۋەتكەن شەخس تولۇق ھوقۇقى بار كىشى دەپ تونۇلۇپ، 
ھەتتا خەتكە قول تەگكۈزۈشكە پېتىنالمايدۇ. مۆھۈرنىڭ: «بۇ مېنىڭكى، ئۇنىڭدىن
نېرى تۇرۇڭلار!» دېگەن مەنىسى ھەممىگە ئايان. ئىمان-ئېتىقادنىڭ يولىغا پۈتمىز
دەسسىگىنىدە، خۇدا بىلەن بىللە مېڭىشىمىزنىڭ دەسلىپىدە بەلكىم بۇ دۇنيادىكى
مەيتۈن قىلىدىغان مەئىشەتلىك، كەيپ-ساپا ياكى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسلىرى بىزگە
نىسبەتەن خېلى كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئېتىقادىمىز ئاجىزلىشىپ خۇدانىڭ يولىدىن
يېنىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بىراق خۇدا ئۆزىگە ئىشىنىپ
ئۆزىنى تاپشۇرغان كىشى ئۈستىگە مۆھۈرنى باسقان؛ ئۇ ئۆز روھىنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق
بىزنى «ئازاد كۈنى»گىچە ھەرقانداق باشقا ئىزىتقۇ تەسىرلەردىن ساقلاپ كېلىدۇ.

## «دۇنيا» («بۇ دۇنيا»)

مۇقەددەس كىتابنى دىققەت بىلەن ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەرگە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەيران
قىلارلىق بىر ئىش كۆرۈنۈشى مۇمكىن — ئۇ بولسىمۇ، «بۇ دۇنيا»نىڭ شەيتاننىڭ كۆرەنمەس
كونترولى ئاستىدا تۇرىدىغان، خۇداغا قارشى چىقىدىغان بىر تۈزۈم-سىستېمىدىن ئىبارەت
ئىكەنلىكىدۇر. 2:1، 6:11-12نى كۆرۈڭ. ئەگەر بىر ئادەم گۇناھ سادىر قىلسا، ئۇ ئۆزىنى
شەيتاننىڭ قۇللۇقىغا قويغان بولىدۇ. خۇداغا ئۆزىنى تاپشۇرغان كىشى «بۇ دۇنيادا
ياشىسىمۇ، لېكىن بۇ دۇنيادىن ئەمەس»تۇر. ئۇنىڭ روھى ئاللىقاچان باشقا بىر
دۇنيادا تۇرىدۇ؛ ئۇ روھتا مەسىھ بىلەن بىللە ئەرشتە ئولتۇرغۇزۇلغان بولىدۇ (2:6).

## رەبنىڭ مەھبۇسى

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ئىبارە 3:1 ھەم 4:1دىن تېپىلىدۇ. رىمدىكى
ھۆكۈمرانلار شۈبھىسىزكى، پاۋلۇسنى «بىزنىڭ مەھبۇسىمىز» دەپ ئويلايتتى — لېكىن
پاۋلۇس ئىشقا باشقىچە قاراپ، ئۆزىنىڭ زىندانغا سولانغانلىقىنىڭ رەب ئەيسانىڭ مەلۇم

ئۇلۇغ مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە يول قويۇشى ۋە پىلانى بويىچە ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىدۇ. بىر ئۇستا ھۈنەرۋەن ئەڭ خىسلەتلىك قورالىنى نامەلۇم بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭغا تاشلاپ يوشۇرغان بولسا، بىزگە ئىنتايىن غەلىتە ھەم سىرلىق ئىش تۇيۇلىدۇ؛ رەب بولسا ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق روسۇلى پاۋلۇسنىمۇ، يەنى رەبنىڭ ۋەھىيلىرىگە نىسبەتەن بۇ دۇنيادا ئۆتكەن باشقا ھەرقانداق خىزمەتكارلىرىدىن كۆپ يورۇتۇلغان ئادەمنى دەل شۇنداق قىلغاندەك قىلاتتى.

بۇ ئىشلار بولۇپ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەچكە، ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق بولۇشىنىڭ خۇدانىڭ دانالىقىدىن بولغانلىقىنى بىز ئەلۋەتتە كۆرۈپ بىلەلەيمىز. روسۇل پاۋلۇس زىنداندا مەھبۇس بولمىغان بولسا، ئۇنىڭدا شۇنچە كۆپ مەكتۇپلارنى يېزىش مەجبۇرىيىتى بولمايتتى ۋە ياكى يېزىشقا ۋاقتى يەتمەيتتى. پاۋلۇسنىڭ تۈرمىدە ياتقانلىقى تۈپەيلىدىن قولىمىزدا «ئەفەسۇسلۇقلارغا»، «فىلىپىلىقلارغا»، «كولوسسىلىكلەرگە» «فىلىمونغا» ۋە تىموتىيغا (2)» دېگەن مەكتۇپلار بار بولدى؛ بۇلار بولمىسا بىز ھازىر بەھرىمەن بولىدىغان قىممەتلىك ۋەھىيلەرگە ھەرگىز مۇيەسسەر بولالمايتتۇق. خۇدانىڭ مۆلچەرلىگۈسىز يوللىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىڭ تەشەككۈر!

## «ئادەمنى قۇرۇش» («ئېتىقادنى قۇرۇش»)

بىز «رىملىقلارغا» يېزىلغان «كىرىش سۆز»دىكى بۇ ئىبارە توغرۇلۇق مۇشۇ يەردە يەنە قايتىلاپ چۈشەندۈرۈش بەرمەكچىمىز: —

پاۋلۇس ھەم پېترۇس قاتارلىق روسۇللار يەنە بىر ئىبارىنىمۇ دائىم ئىشلىتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «ئادەمنى قۇرۇش»، ياكى «ئادەمنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇش». بىرسى ئۆزىنى مەسىھكە تاپشۇرغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ روھى ۋە جېنىدا خۇدانىڭ «يېڭى بىر قۇرۇلۇش»ى دەرھال باشلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش بولسا خىش ۋە لايدىن قۇرۇلغان بىنا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي يېڭى خاراكتېر ۋە مىجەز، يېڭى ئادەتلەر ۋە يوللار، يېڭى پوزىتسىيەلەر، يېڭى كۆز-قاراشلار ۋە چۈشەنچىلەر، بۇرۇن «مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىشلارنى «مۇمكىن» دەيدىغان يېڭى بىر ئىشەنچتىن تەركىب تاپقان قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. خۇداغا ئىتائەت قىلىدىغان ھەربىر باسقۇچ بۇ قۇرۇلۇشنى ئالغا سۈرىدۇ. مەسىھتە بولغان ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللارمۇ بۇ جەھەتتە ئۆزئارا ياردەمدە بولىدۇ. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەربىر يېڭى تەلىمى، رىغبەتلەندۈرگەن سۆزلىرى، مۇھەببەت ئىپادىلىرىنىڭ ھەممىسى

يەنە بىر «قىممەتلىك خىش»نى قۇرۇلۇشقا قوشۇپ قويغانلىق بولىدۇ. دۇنيادا تۇرغان بارلىق كۈنلىرىمىزدە بۇ قۇرۇلۇش توختىماي داۋاملىشىدۇ؛ خۇداغا تەشەككۈر، بىنانىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى، ياكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ قىممەتلىكىگە ھېچقانداق چەك قويۇلمىغاندۇر! شۇ يول بىلەن بىز «بىر-بىرىمىزنى قۇرالايمىز».

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، «يېڭى قۇرۇلۇش» خۇدانىڭ ماكان قىلىشىغا مۇۋاپىق «ئىبادەتخانا» بولىدۇ («1كور.» 9:3-17، «گال.» 18:2، «ئەف.» 18:2-22، «1پېت.» 1:2-10نى كۆرۈڭ).

## مەزمۇنلار: ـ

1. خۇدانىڭ جامائەتتە بولغان ئۇلۇغ مەقسەتلىرى (1-3-بابلار)
2. جېكىلەشلەر (4-6-بابلار)

# ئەفەسۇسلۇقلارغا

## روسۇل پاۋلۇس ئەفەسۇس شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان مەكتۇپ

1 [1] خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن، مەسىھ ئەيسانىڭ روسۇلى
بولغان مەنكى پاۋلۇستىن ئەفەسۇستا تۇرۇۋاتقان مۇقەددەس
بەندىلەرگە، يەنى مەسىھ ئەيسادا ئىخلاسمەن بولغانلارغا سالام!
[2] ئاتىمىز خۇدا ھەم رەب ئەيسا مەسىھتىن سىلەرگە مېھىر-
شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك بولغاي!
[3] بىزنى مەسىھتە، ئەرشلەردە بارلىق روھىي بەخت-بەرىكەتلەر
بىلەن بەرىكەتلىگەن، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ خۇداسى ھەم
ئاتىسى مۇبارەك بولغاي! [4] چۈنكى ئۇ بىزنى، مۇھەببەت ئىچىدە
بولۇپ ئۆزىنىڭ ئالدىدا پاك-مۇقەددەس، داغسىز تۇرۇشىمىز

---

1:1 **«ئەفەسۇستا تۇرۇۋاتقان مۇقەددەس بەندىلەرگە، يەنى مەسىھ ئەيسادا ئىخلاسمەن بولغانلار...»** ــ «مۇقەددەس بەندىلەر»: ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق بولسۇنكى، مۇقەددەس كىتابتا «مۇقەددەس» دېگەن سۆز ھەردائىم «خۇداغا خاس»، «خۇداغا تولۇق ئاتالغان»، «پاك-مۇقەددەس» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**1:1** رىم. 1:7؛ 1كور. 1:2؛ 2كور. 1:1.

**2:1** گال. 1:3؛ 1پېت. 1:2.

3:1 **«ئەرشلەردە بارلىق روھىي بەخت-بەرىكەتلەر»** ــ ياكى «ئەرشتىكى يەرلەردە بارلىق روھىي بەخت-بەرىكەتلەر». **«بىزنى مەسىھتە، ئەرشلەردە بارلىق روھىي بەخت-بەرىكەتلەر بىلەن بەرىكەتلىگەن، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ خۇداسى ھەم ئاتىسى...»** ــ خۇدانىڭ نەزىرىدە، ئىشەنگۈچىلەر روھىي جەھەتتىن ئاللىقاچان «مەسىھ بىلەن ئەرشلەردە ئولتۇرغان»دۇر. 20-ئايەتنى كۆرۈڭ.
—«مۇبارەك بولغاي» مۇشۇ يەردە «مەدھىيىلەنسۇن» ياكى «ئەڭ بەختلىك بولغاي» دېگەن مەنىدە.
—گرېك تىلىدا 3-ئايەتتىن 14-ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەر پەقەت ئۇزۇن بىرلا جۈملە بىلەن ئىپادىلەنگەن. چۈشىنىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بىز ئۇنى پارچىلاپ تەرجىمە قىلدۇق.

**3:1** 2كور. 1:3؛ 1پېت. 1:3.

**ئۈچۈن ئالەم ئاپىرىدە قىلىنماي تۇرۇپلا تاللىۋالغانىدى؛ [5]ئۇ ئۆز**
**ئىرادىسىگە ياقىقىنى بويىچە بىزنى ئالدىنئالا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق**
**ئۆزىگە ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىشقا بېكىتكەنىدى؛ [6]بۇ ئىشتا ئۇنىڭ**
**مېھىر-شەپقىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا مەدھىيە ئوقۇلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ**
**مېھىر-شەپقىتى بىلەن بىزنى ئۆز سۆيگىنىدە شاپائەتلەندۇرگەنىدى.**
**[7]بىز ئۇنىڭدا ئاتىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنىڭ موللۇقى بىلەن ئۇنىڭ**
**قېنى ئارقىلىق قۇللۇقتىن ھۆر قىلىنىشقا، ئىتائەتسىزلىكلىرىمىزگە**
**قارىتا كەچۈرۈمگە مۇيەسسەر بولدۇق؛ [8]ئۇ بۇ مېھىر-شەپقەتنى بارلىق**
**دانالىق ھەم پەم-پاراسەت بىلەن بىزگە زور تارتۇقلىدىكى، [9-10] — ئۇ ئۆز**
**كۆڭلىگە پۈككەن گۈزەل خاھىشى بويىچە ئىرادىسىدىكى سىرنى،**

4:1 **«...ئۇ بىزنى، مۇھەببەت ئىچىدە بولۇپ ئۆزىنىڭ ئالدىدا پاك-مۇقەددەس، داغسىز تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئالەم ئاپىرىدە قىلىنماي تۇرۇپلا تاللىۋالغانىدى...»** — بەزى تەرجىمىلىرىدە «مۇھەببەت ئىچىدە» ياكى «مۇھەببەت بىلەن» 5-ئايەتكە باغلىق. 5-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**4:1** لۇقا 75:1؛ يۇھ. 16:15؛ ئەف. 27:5؛ كول. 22:1؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 12:2.

5:1 **«ئۇ ئۆز ئىرادىسىگە ياقىقىنى بويىچە بىزنى ئالدىنئالا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئۆزىگە ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىشقا بېكىتكەنىدى...»** — بەزى تەرجىمىلىرىدە 4-ئايەتتىكى «مۇھەببەت ئىچىدە» ياكى «مۇھەببەت بىلەن» بۇ 5-ئايەتكە باغلانغان. دېمەك، 5-4-ئايەت: «چۈنكى ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا پاك-مۇقەددەس، داغسىز تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئالەم ئاپىرىدە قىلىنماي تۇرۇپلا تاللىۋالغانىدى؛ ئۇ مۇھەببەت بىلەن ئۆز ئىرادىسىگە ياقىقىنى بويىچە بىزنى ئالدىنئالا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئۆزىگە ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىشقا بېكىتكەنىدى؛» دېيىلىدۇ.

6:1 **«ئۇ مېھىر-شەپقىتى بىلەن بىزنى ئۆز سۆيگىنىدە شاپائەتلەندۇرگەنىدى»** — «ئۆز سۆيگىنى» — ئوغلى ئەيسا مەسىھتۇر.

**6:1** مات. 17:3.

7:1 **«بىز ئۇنىڭدا ئاتىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنىڭ موللۇقى بىلەن ئۇنىڭ قېنى ئارقىلىق قۇللۇقتىن ھۆر قىلىنىشقا، ئىتائەتسىزلىكلىرىمىزگە قارىتا كەچۈرۈمگە مۇيەسسەر بولدۇق...»** — «ئۇنىڭدا» — مەسىھتە. **«قۇللۇقتىن ھۆر قىلىنىش»** — گرېك تىلىدا بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ئادەتتە قۇلنى ھۆر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ؛ شاپائەتچى پۇل بېرىپ ئۇنى ھۆرلۈككە چىقىرىپ ئەركىن قىلىدۇ. روسۇل ئېيتقان بۇ قۇللۇق، گۇناھنىڭ ۋە جىن-شەيتانلارنىڭ ئىلكىگە ئەسىر بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىنجىلدىكى «ھۆر قىلىش» («ئاپولۇتروسىس») تەۋراتتىكى «ھەمجەمەت بولۇپ ۋۇتقۇزۇش» («گوئەل») دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاشتۇر.

**7:1** روس. 28:20؛ كول. 14:1؛ ئىبر. 12:9؛ 1پېت. 18:1.

**يەنى ۋاقىت-زامانلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى ئىدارە قىلىشى بىلەن**
**بارلىق مەۋجۇداتلارغا، يەنى ئەرشلەردە بولغانىنىڭ ھەممىسىگە، زېمىندا**
**بولغانىنىڭ ھەممىسىگە مەسىھنى باش قىلىپ ئۇلارنى مەسىھتە جەم**
**قىلىش مەقسىتىنى بىزگە ئايان قىلدى؛ 11 ئۇنىڭدا بىزمۇ خۇداغا**
**مىراس قىلىنغان؛ بىز شۇ مەقسەتتە بارلىق ئىشلارنى ئەقىل-ئىرادىسى**
**بويىچە ئىدارە قىلغۇچىنىڭ نىشانى بىلەن شۇ ئىشقا ئالدىنئالا بېكى**
**تىلگەنىدۇق؛ 12 شۇنىڭ بىلەن مەسىھنى ئاۋۋال تايانچ قىلغان بىزلەر**
**ئۇنىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلغۇچى بولدۇق؛**
**13 ھەقىقەتنىڭ كالام-سۆزىنى، يەنى نىجاتىڭلاردىكى خۇش خەۋەرنى**
**ئاڭلاپ سىلەرمۇ ئۇنىڭغا تاياندىڭلار — ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىنىڭلاردا،**

---

10-9:1 **«ـــ ئۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن گۈزەل خاھىشى بويىچە»** — ياكى «ئۇ مەسىھتە بېكىتكەن ئۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن گۈزەل خاھىشى بويىچە...». گرېك تىلىدا پەقەت «ئۇنىڭدا پۈككەن...» ياكى «ئۆزىدە پۈككەن...» دېيىلىدۇ. **«... بارلىق مەۋجۇداتلارغا، يەنى ئەرشلەردە بولغانىنىڭ ھەممىسىگە، زېمىندا بولغانىنىڭ ھەممىسىگە مەسىھنى باش قىلىپ، ئۇلارنى مەسىھتە جەم قىلىش مەقسىتىنى بىزگە ئايان قىلدى»** — «... بارلىخ مەۋجۇداتلارغا... مەسىھنى باش قىلىپ ئۇلارنى مەسىھتە جەم قىلىش» دېگەن سۆز گرېك تىلىدا پەقەت ئۈچ سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. مەنىسى:

—(1) پۈتكۈل كائىناتقا مەسىھ باش بولىدۇ؛

—(2) پۈتكۈل كائىناتتىكى ھەممە مەۋجۇدات مەسىھتە «يىغىپ بىر قىلىنىپ»، ھەربىر نەرسىنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى كۆرسىتىلىدۇ؛

—(3) مەسىھنىڭ باشچىلىقى ئاستىدا كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار بىر-بىرى بىلەن ئىناق بولۇپ، بىر-بىرىگە تولۇق ماسلىشىدىغان بولىدۇ.

**10-9:1** رىم. 25:16؛ ئەف. 9:3؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 2:1؛ 1پېت. 20:1؛ يار. 10:49؛ دان. 24:9؛ گال. 4:4.

11:1 **«ئۇنىڭدا بىزمۇ خۇداغا مىراس قىلىنغان»** — «ئۇنىڭدا» — «مەسىھتە». **«بىزمۇ خۇداغا مىراس قىلىنغان»** — ياكى «بىز بىر مىراسقا ئىگە بولغان». **«بارلىق ئىشلارنى ئەقىل-ئىرادىسى بويىچە ئىدارە قىلغۇچى»** — خۇدا.

**11:1** رىم. 17:8.

12:1 **«شۇنىڭ بىلەن مەسىھنى ئاۋۋال تايانچ قىلغان بىزلەر ئۇنىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلغۇچى بولدۇق»** — «مەسىھنى ئاۋۋال تايانچى قىلغان بىزلەر» بەلكىم مەسىھكە بىرىنچى بولۇپ ئەگەشكەن يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەفەسۇستىكى جامائەتنىڭ كۆپىنچىسى بەلكىم يەھۇدىي ئەمەسلەر، ئۇلار كېيىن ئىشەنگەن.

سىلەر ۋەدە قىلىنغان مۇقەددەس روھ بىلەن مۆھۈرلەندىڭلار.
[14] خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئۇلۇغلۇقى نامايان قىلىنىپ،
ئىگىلىكى ئۆزۈل-كېسىل ھۆر-نىجات قىلىنغۇچە، مۇقەددەس
روھ مىراسىمىزنىڭ «كاپالەت»ى بولىدۇ. [15] شۇنىڭ بىلەن،
سىلەرنىڭ رەب ئەيساغا باغلىغان ئېتىقادىڭلار ۋە بارلىق
مۇقەددەس بەندىلەرگە بولغان مۇھەببىتىڭلار توغرۇلۇق

---

**13:1 «... ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىنىڭلاردا، سىلەر ۋەدە قىلىنغان مۇقەددەس روھ بىلەن مۆھۈرلەندىڭلار»** ــ «مۇقەددەس روھ بىلەن مۆھۈرلىنىش» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ

**13:1** رىم. 15:8؛ 2كور. 22:1؛ 5:5؛ ئەف. 30:4.

**14:1 «خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئۇلۇغلۇقى نامايان قىلىنىپ، ئىگىلىكى ئۆزۈل-كېسىل ھۆر-نىجات قىلىنغۇچە، مۇقەددەس روھ مىراسىمىزنىڭ «كاپالەت»ى بولىدۇ»** ــ «كاپالەت» توغرۇلۇق: بۇ ئايەت تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىدۇ: ــ

—(1) خۇدانىڭ نىجاتىدا، ئۇ ئادەمنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇپ «ھۆر قىلىدۇ»؛ ئۇ قۇتقۇزغان ئادەم ياكى جامائەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ «ئىگىلىكى»دۇر.

—«ئىگىلىكى» ــ خۇدانىڭ ئىگىلىكى بولغان بىزلەر ــ روھ، جان، تېنىمىزنىڭ ھەممىسىدۇر.

—(2) بۇ «ھۆر قىلىش» بۇ دۇنيادا تېخى «ئۆزۈل-كېسىل» بولمايدۇ؛ نىجاتقا ئېرىشكەن كىشىلەردە «يېڭى روھ»، «يېڭى قەلب» بولغىنى بىلەن «يېڭى تەن» تېخى بولمايدۇ؛ تىرىلىش كۈنىدە «يېڭى تەن» «تولۇق ھۆر قىلىنىش» ياكى «ئۆزۈل-كېسىل ھۆر قىلىنىش» بولىدۇ. بۇ «تولۇق ھۆر قىلىنىش» ئىشەنگەنلەرنىڭ «تولۇق مىراسى» بولىدۇ.

—(3) شۇ كۈنىدە خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئۇلۇغلۇقى تولىمۇ نامايان قىلىنىدۇ؛

—(4) شۇ كۈنگىچە، يەنى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ «تولۇق مىراس»نى ئىگىلىۋېلىشىغۇچە، مۇقەددەس روھ ھەربىر ئىشەنگەن ئادەمنىڭ قەلبىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا بۇ مىراسنى تېتىتىپ، ۋۇجۇدىدا مىراسنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

—يەنە كېلىپ مۇقەددەس روھنىڭ ئىشەنگۈچىنىڭ قەلبىدە تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بۇ مىراسقا چوقۇم ئىگە بولىدىغانلىقىنىڭ كاپالىتىدۇر. گرېك تىلىدا «كاپالەت»نىڭ يەنە بىر مەنىسى «ۋەدە ئۆزۈكى» (يىگىتنىڭ قىزغا بولغان ۋەدىسىگە كاپالەت سۈپىتىدە بېرىلگەن).

**14:1** مىس. 5:19؛ قان. 6:7؛ 2:14؛ 18:26؛ رىم. 23:8؛ 1پېت. 9:2.

**ئاڭلىغاندىن تارتىپ، [16]دۇئالىرىمدا سىلەرنى ئەسلەپ، سىلەر**
**ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشنى توختاتمىدىم؛ [17]تىلەيدىغىنىم شۇكى،**
**رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ خۇداسى، شان-شەرەپنىڭ ئىگىسى**
**بولغان ئاتا سىلەرنىڭ ئۇنى تولۇق بىلىشىڭلارغا دانالىق**
**ھەم ۋەھيىنى ئۆزلەشتۈرگۈچى روھنى ئاتا قىلغاي، [18]شۇنىڭ**
**بىلەن سىلەرنىڭ قەلبتىكى كۆزلىرىڭلار روشەنلىشىپ، ئۇنىڭ**
**چاقىرىقىغا باغلانغان ئۈمىدنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ مۇقەددەس**
**بەندىلىرىدە بولغان شەرەپلىك مىراسىنىڭ قىممەتلىكلىكىنى**
**[19]ۋە ئۇنىڭ ئىشەنگۈچى بىزلەرگە زور كۈچى بىلەن قاراتقان**
**قۇدرىتىنىڭ ھېسابسىز بۈيۈكلۈكىنى بىلىپ يەتكەيسىلەر؛**

---

15:1 **«شۇنىڭ بىلەن، سىلەرنىڭ رەب ئەيساغا باغلىغان ئېتىقادىڭلار ۋە بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرگە بولغان مۇھەببىتىڭلار توغرۇلۇق ئاڭلىغاندىن تارتىپ، ...»** — گرېك تىلىدا 15-ئايەتتىن 23-ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەر پەقەت ئۇزۇن بىرلا جۈملە بىلەن ئىپادىلەنگەن. چۈشۈنىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بىز ئۇنى پارچىلاپ تەرجىمە قىلدۇق.

**15:1** فىل. 3:1؛ كول. 3:1؛ 1تېس. 2:1؛ 2تېس. 3:1.

**17:1** **«شان-شەرەپنىڭ ئىگىسى بولغان ئاتا»** — گرېك تىلىدا «شان-شەرەپنىڭ ئاتىسى» — پاۋلۇس شۇ سۆز بىلەن: «مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزى «خۇدانىڭ شان-شەرىپىدۇر»» دەپ كۆرسەتمەكچى بولسا كېرەك. **«سىلەرنىڭ ئۇنى تولۇق بىلىشىڭلارغا دانالىق ھەم ۋەھيىنى ئۆزلەشتۈرگۈچى روھنى ئاتا قىلغاي»** — «دانالىق ھەم ۋەھيىنى ئۆزلەشتۈرگۈچى روھنى ئاتا قىلىش»: قايسى روھ كۆرسىتىلىدۇ؟ كۆزقارىشىمىزچە ئۇ «مۇقەددەس روھ» ئەمەس؛ چۈنكى خۇدا ئۇلارغا مۇقەددەس روھنى ئاللىقاچان ئاتا قىلغان (14-13). بىزنىڭچە، ئېتىقاچىلارنىڭ ئۆز روھىنى كۆرسىتىدۇ. روسۇل ئۇلاردا «دانالىق ھەم ۋەھيىنى ئۆزلەشتۈرگۈچى روھ» بولسۇن، دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئالايلۇق، مەن بىرسى ئۈچۈن «خۇدا سىزگە سالامەت بىر تەن ئاتا قىلغاي» دەپ تىلىسەم، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاللىقاچان تېنى بار، ئەلۋەتتە. لېكىن تېلىكىم ئۇنىڭدا ساغلام تەن بولسۇن ئۈچۈندۇر. دېمەك، پاۋلۇسنىڭ بۇ دۇئاسىنىڭ مەنىسى: «خۇدا ھەربىرىڭنىڭ روھىنى «دانالىق ھەم ۋەھيي قوبۇل قىلغۇدەك بىر روھ» قىلسۇن، دېگەنلىكتۇر.

**18:1** **«ئۇنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىدە بولغان شەرەپلىك مىراسىنىڭ قىممەتلىكلىكى..»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ شەرەپلىك مىراسى..». لېكىن بىزنىڭچە «ئۇنىڭ چاقىرىقىغا باغلانغان ئۈمىد»، «مىراسى» ۋە 19-ئايەتتىكى «ھېسابسىز كۈچى»نىڭ ھەممىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى خۇداغا تەۋەدۇر، شۇڭا «مۇقەددەس بەندىلىرىدە بولغان مىراسى»نى «خۇدانىڭ ئۆز مىراسى» دەپ قارايمىز. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**19:1** كول. 12:2.

[20] دەل شۇ قۇدرەتنى ئۇ مەسىھنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈپ، ئەرشلەردە
ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزغىنىدا ئۇنىڭدا يۈرگۈزگەنىدى؛
[21] پەقەت بۇ زاماندىلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى زاماندىمۇ ئۇنى بارلىق
ھۆكۈمرانلىقتىن، ھوقۇقتىن، كۈچ-قۇدرەتتىن، خوجايىنلىقتىن
ۋە بارلىق تىلغا ئېلىنىدىغان ھەرقانداق نام-شەرەپتىن كۆپ
ئۈستۈن قويغان؛ [22] بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇنىڭ پۇتلىرى ئاستىغا
قويۇپ، جامائەت ئۈچۈن ئۇنى ھەممىگە باش بولۇشقا ئاتا قىلغان.
[23] جامائەت بولسا ئۇنىڭ تېنى، يەنى ھەممىنى ھەممە جەھەتتىن
تولدۇرغۇچىنىڭ مۇكەممەل جەۋھىرىدۇر.

# 2

[1] ۋە سىلەر بولساڭلار، قەبىھلىكلىرىڭلار ھەم گۇناھلىرىڭلاردا
ئۆلگەن بولۇپ، [2] بۇ دۇنيانىڭ دەۋرىگە ئەگىشىپ،
ھاۋانىڭ ھوقۇقىنى تۇتقان ھۆكۈمدارغا، يەنى بۈگۈنكى كۈندە

---

20:1 **«دەل شۇ قۇدرەتنى ئۇ مەسىھنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈپ، ئەرشلەردە ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزغىنىدا ئۇنىڭدا يۈرگۈزگەنىدى...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «مەسىھنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگىنىدە دەل شۇ قۇدرەتنى ئۇنىڭدا يۈرگۈزگەنىدى؛ ۋە ئۇنى ئەرشلەردە ئۆزىنىڭ ئوڭ قولىدا ئولتۇرغۇزۇپ،...».

**20:1** زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 3:1؛ 12:10؛ 1پېت. 22:3.

21:1 **«پەقەت بۇ زاماندىلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى زاماندىمۇ ... بارلىق ھۆكۈمرانلىقتىن، ھوقۇقتىن، كۈچ-قۇدرەتتىن، خوجايىنلىقتىن ۋە بارلىق تىلغا ئېلىنىدىغان ھەرقانداق نام-شەرەپ...»** — بۇ يەردە كۆرسىتىۋاتقىنى مەيلى ياخشىنىڭ بولسۇن، ئەسكىنىڭ (جىن-شەيتانلارنىڭ) بولسۇن، ھەرقانداق «ھۆكۈمرانلىق، ھوقۇق، كۈچ-قۇدرەت، خوجايىنلىق ۋە ... نام-شەرەپلەر»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىھنىڭ نامى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

22:1 **«بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇنىڭ پۇتلىرى ئاستىغا قويۇپ، جامائەت ئۈچۈن ئۇنى ھەممىگە باش بولۇشقا ئاتا قىلغان»** — ئادەمنى ھەيران قىلارلىقى شۇكى، مۇشۇ ئايەتلەردە خۇدانىڭ مەسىھنى ھەممە مەۋجۇداتقا باش قىلغانلىقى **جامائەتنىڭ بەخت-بەرىكىتى ئۈچۈن** بولغان، دېيىلگەن.

**22:1** زەب. 6:8؛ مات. 18:28؛ 1كور. 27:15؛ ئىبر. 8:2.

**23:1** رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ ئەف. 16:4؛ 23:5.

1:2 **«سىلەر بولساڭلار، قەبىھلىكلىرىڭلار ھەم گۇناھلىرىڭلاردا ئۆلگەن بولۇپ،...»** — ئادەم گۇناھنىڭ ئىلكىدە بولسا روھىي جەھەتتىن بىر «ئۆلۈك»، «ئۆلگەن» بولىدۇ، خالاس.

**1:2** رىم. 6:5؛ كول. 13:2.

**ئىتائەتسىزلىكتىن بولغان پەرزەنتلەرنى قۇترىتىۋاتقان روھقا**
**ئەگىشىپ، بۇ ئىشلاردا ئىلگىرى ماڭغانسىلەر؛ [3] بىز ھەربىرىمىزمۇ**
**ئىلگىرى شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەتلىرىمىزدىكى شەھۋەت-**
**ھەۋەسلەردە ھايات ئۆتكۈزگەنمىز، ئەتلىرىمىز ھەم ئۆز ئوي-**
**خىيالىمىزنىڭ خاھىشلىرىغا ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئوخشاش،**
**ماھىيەتتە «غەزەپتىكى پەرزەنتلەر» بولغانمىز؛ [4] بىراق خۇدا، مول**
**رەھىم-شەپقەتنى كۆرسەتكۈچى بولۇپ، بىزنى سۆيگەندە بىزگە**
**كۆرسەتكەن ئالەمبەخش مېھىر-مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن، — [5] ھەتتا**
**ئىتائەتسىزلىكلەردە ئۆلگەن ۋاقتىمىزدىمۇ، بىزگە مەسىھ بىلەن**
**بىللە جان كىرگۈزۈپ (مېھىر-شەپقەت بىلەن قۇتقۇزۇلدۇڭلار!)،**
**[6] بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىلدۈرۈپ، ئەرشلەردە مەسىھ**

---

2:2 **«بۇگۈنكى كۈندە ئىتائەتسىزلىكتىن بولغان پەرزەنتلەر»** — «ئىتائەتسىزلىكتىن بولغان پەرزەنتلەر» دېگەن ئىبارە ئىنسانىنىڭ ئەسلى تۇپ تەبىئىتىدە ئىتائەتسىزلىكنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ (ھەممىمىز ئادەمئاتىمىزنىڭ «ئىتائەتسىز تەبىئىتى»گە مىراسخور بولۇپ تۇغۇلدۇق). لېكىن «ئىتائەتسىزلىكتىن بولغان پەرزەنتلەر» خۇدانىڭ شەپقىتى بىلەن خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرى بولىدۇ (5-ئايەتنى كۆرۈڭ). **«ھاۋانىڭ ھوقۇقىنى تۇتقان ھۆكۈمدار»... «ئىتائەتسىزلىكتىن بولغان پەرزەنتلەرنى قۇترىتىۋاتقان روھ»** — شەيتاننى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**2:2** يۇھ. 31:12؛ 30:14؛ 11:16؛ 1كور. 11:6؛ ئەف. 12:6؛ كول. 7:3؛ تت. 3:3.

3:2 **«بىز ھەربىرىمىزمۇ ئىلگىرى شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەتلىرىمىزدىكى شەھۋەت-ھەۋەسلەردە ھايات ئۆتكۈزگەنمىز ... ماھىيەتتە «غەزەپتىكى پەرزەنتلەر» بولغانمىز»** — «غەزەپتىكى پەرزەنتلەر» ئىككى بىسلىق ئىبارە بولۇپ، ھەم «ھەردائىم غەزەپكە تولۇپ يۈرگەن ئادەملەر» ھەمدە «(خۇدانىڭ) غەزەپ كۈنىگە بېكىتىلگەن ئادەملەر»نىمۇ كۆرسىتىدۇ.

5:2 **«ھەتتا ئىتائەتسىزلىكلەردە ئۆلگەن ۋاقتىمىزدىمۇ، بىزگە مەسىھ بىلەن بىللە جان كىرگۈزۈپ مېھىر-شەپقەت بىلەن قۇتقۇزۇلدۇڭلار!،...»** — «مەسىھ بىلەن بىللە جان كىرگۈزۈپ (جانلاندۇرۇپ)...» دېگەنلىك نېمە بىلدۈرىدۇ؟ مەسىھ ئەيسا ئۆلگەندە، خۇدا ئۇنىڭغا ئېتىقاد باغلىغۇچىلارنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆلگەن، ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەندە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تىرىلگەن دەپ ھېسابلىغان. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«مېھىر-شەپقەت بىلەن قۇتقۇزۇلدۇڭلار!»** — پاۋلۇس مۇشۇ يەردە ئەفەسۇسلۇقلارنى رىغبەتلەندۈرۈشتە بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ، تۆۋەنكى 8-ئايەتتىكى «سىلەر شەپقەت بىلەنلا ئىشەنچ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار!» دېگەن گەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

**5:2** روس. 11:15؛ رىم. 8:6؛ 11:8؛ كول. 1:3، 3؛ تت. 5:3.

**ئەيسا بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزغان؛ [7] مەقسىتى كەلگۈسى زامانلاردا**
**ئۇنىڭ مەسىھ ئەيسادا بىزگە قارىتىلغان مېھرىبانلىقى بىلەن**
**ئىپادىلەنگەن شاپائىتىنىڭ شۇنچە غايەت زور ئىكەنلىكىنى**
**كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر؛ [8] چۈنكى سىلەر شەپقەت بىلەنلا ئىشەنچ**
**ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بۇ ئىش ئۆزۈڭلاردىن كەلگەن ئىش ئەمەس،**
**بەلكى خۇدادىن كەلگەن ئىلتىپات، [9] ئۇ زادىلا ئادەملەرنىڭ ئەمەل-**
**ئەجرىدىن كەلمەيدۇ، بۇ ھەم ھېچكىمنىڭ ماختانماسلىقى ئۈچۈندۇر.**
**[10] چۈنكى بىز خۇدانىڭ ئىشلىگەن ھۈنىرىدۇرمىز، خەيرخاھ ئىشلار**
**ئۈچۈن مەسىھ ئەيسادا يارىتىلغانمىز؛ خۇدا ئەسلى بىزنىڭ ئۇلاردا**
**مېڭىشىمىز ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى ئالدىنئالا تەييارلىغانىدى.**
**[11] شۇڭا سىلەر ئەسلىدە ئەتلىرىڭلارغا ئاساسەن «يات ئەللەر»**
**دەپ ھېسابلانغىنىڭلارنى، ــ ئىنسانىنىڭ قولى بىلەن ئەتلىرىدە**
**«خەتنە قىلىنغانلار» دەپ ئاتالغانلار تەرىپىدىن «خەتنىسىز» دەپ**
**ئاتالغانلىقىڭلارنى،**

---

8:2 **«چۈنكى سىلەر شەپقەت بىلەنلا ئىشەنچ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار»** ــ بۇ «قۇتقۇزۇلۇش» ھايات(-مامات)لىقتىكى ئاددىي خەتەرلەردىن ئەمەس، بەلكى خەتەرنىڭ خەتىرى بولغان گۇناھتىن قۇتقۇزۇلۇپ مەڭگۈ ھاياتقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

**8:2** مات. 17:16؛ ئەف. 19:1.

**9:2** رىم. 27:3؛ 1كور. 29:1.

**10:2** 2كور. 17:5؛ ئەف. 4:1؛ 24:4؛ تىت. 14:2.

11:2 **«سىلەر ئەسلىدە ئەتلىرىڭلارغا ئاساسەن «يات ئەللەر» دەپ ھېسابلانغىنىڭلار»** ــ «ئەتلىرىڭلارغا ئاساسەن» ياكى «ئەتلىك كۆزقاراشچە». **«ئىنسانىنىڭ قولى بىلەن ئەتلىرىدە «خەتنە قىلىنغانلار» دەپ ئاتالغانلار تەرىپىدىن «خەتنىسىز» دەپ ئاتالغانلىقىڭلار»** ــ دېمەك، يەھۇدىيلار تەرىپىدىن «خەتنىسىز» دەپ ئاتالغانلار. ئىنجىل بويىچە «ھەقىقىي خەتنە» ئەتتە ئەمەس، روھ-قەلبتە بولۇشى كېرەك. دېمەك، قەلب-روھ بارلىق شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلەر، بۇ دۇنياغا تەۋە بارلىق ئېزىتقۇلۇقتىن «كېسىۋېتىلىپ»، خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا ئەركىن قىلىنىدۇ. مۇنداق «روھىي خەتنە» «ئادەمنىڭ قولى» بىلەن ئەمەس، پەقەت خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئارقىلىق بولىدۇ.

[12] شۇنداقلا شۇ چاغدا مەسىھسىز بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ پۇقرالىقىنىڭ
سىرتىدا تۇرۇپ، ۋەدىلەرنى ئېلىپ كەلگۈچى ئەھدىلەرنى يات
بىلىپ، بۇ دۇنيادا ئۈمىدسىز ھەم خۇداسىز ياشىغىنىڭلارنى
ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار؛ [13] لېكىن ئەسلى يىراقلاردا بولغان سىلەر ھازىر
مەسىھنىڭ قېنى ئارقىلىق يېقىن قىلىندىڭلار؛ [14] چۈنكى ئۇ بىزنىڭ
ئىناقلىقىمىزدۇر، ئۇ ئىككى تەرەپنى بىر قىلىپ ئوتتۇرىدىكى ئارا
تامنى چېقىۋەتتى؛ [15] يەنى، ئۆز ئەتلىرى ئارقىلىق ئۆچمەنلىكنى
تۈگىتىپ، بەلگىلىمىلەرنى كۆرسەتكەن، ئەمرلەرنى يەتكۈزگەن
قانۇننى بىكار قىلىپ، ئىككى تەرەپنى ئۆزىدە يېڭى بىر ئادەم قىلىپ
ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىناقلىقنى ئاپىرىدە قىلدى؛ [16] كرېستكە
مىخلىنىپ مۇشۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆچمەنلىكنى قەتل قىلىپ،
ئىككىسىنى بىر تەندە خۇدا بىلەن ئەپلەشتۈردى؛ [17] ئاندىن ئۇ كېلىپ،
يىراقلاردا تۇرغان سىلەرگىمۇ ئىناقلىق خۇش خەۋىرىنى جاكارلىدى،

---

12:2 **«...ۋەدىلەرنى ئېلىپ كەلگۈچى ئەھدىلەرنى يات بىلىپ...»** ــ «ۋەدىلەر» بولسا خۇدانىڭ ۋەدىلىرى، ئەلۋەتتە.

**12:2** رىم. 4:9.

**14:2** يەش. 5:9؛ مىك. 4:5؛ يۇھ. 33:16؛ روس. 36:10؛ رىم. 1:5؛ كول. 20:1.

15:2 **«يەنى، ئۆز ئەتلىرى ئارقىلىق ئۆچمەنلىكنى تۈگىتىپ، بەلگىلىمىلەرنى كۆرسەتكەن، ئەمرلەرنى يەتكۈزگەن قانۇننى بىكار قىلىپ، ئىككى تەرەپنى ئۆزىدە يېڭى بىر ئادەم قىلىپ ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىناقلىقنى ئاپىرىدە قىلدى»** ــ «مەسىھ ئۆز ئەتلىرى ئارقىلىق ... قانۇننى... بىكار قىلىپ» ــ يەھۇدىي جامائەت ھەم خۇدانى تونۇماقچى بولغان «يات ئەللەر»نىڭ دوستلۇقتا بولۇشىغا ئەڭ چوڭ توسالغۇ، شۇنىڭدەك ھەتتا ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلغان ئامىل بولسا دەل خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن تەۋرات قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر ئىدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز بۇ بەلگىلىمىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

—«يېڭى بىر ئادەم» ــ مەسىھ ۋە جامائەت، يەنى بىر باش بىر تەن بولىدۇ (مەسىھ باش، جامائەت تەن بولىدۇ).

16:2 **«كرېستكە مىخلىنىپ مۇشۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆچمەنلىكنى قەتل قىلىپ، ئىككىسىنى بىر تەندە خۇدا بىلەن ئەپلەشتۈردى»** ــ «بىر تەندە» بولسا ئۆزىنىڭ كرېستكە مىخلانغان تېنى. بۇ تەن ھازىر تىرىلگەندىن كېيىن ئۆزى بىلەن جامائەتتىن تەركىب تاپقان تەن بولدى. «كىرىش سۆز»ىمىزدىكى «جامائەت» توغرۇلۇق مەزمۇنلارنى كۆرۈڭ.

**يېقىندىكىلەرگىمۇ ئىناقلىقنى جاكارلىدى. [18] چۈنكى ھەر**
**ئىككىمىزنىڭ ئۇنىڭ ئارقىلىق بىر روھتا ئاتا ئالدىغا كىرىش**
**ھوقۇقىمىز باردۇر. [19] شۇڭا شۇنىڭدىن باشلاپ سىلەر مۇساپىرلار،**
**ياقا يۇرتتىكىلەر ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس بەندىلەرگە**
**ۋەتەنداش بولىسىلەر، خۇدانىڭ ئۆيىدىكىلەردىن بولىسىلەر؛**
**[20] سىلەر روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر بولغان ئۇلىنىڭ ئۈستىگە**
**قۇرۇلماقتىسىلەر؛ بىنانىڭ «بۇرجەك تېشى» بولسا ئەيسا مەسىھ**
**ئۆزىدۇر؛ [21] ئۇنىڭدا پۈتكۈل بىنا پۇختا جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، رەبدە**
**مۇقەددەس بىر ئىبادەتخانا بولۇشقا ئۆسۈپ بارماقتا. [22] سىلەرمۇ**

---

17:2 **«ئاندىن ئۇ كېلىپ، يىراقلاردا تۇرغان سىلەرگىمۇ ئىناقلىق خۇش خەۋىرىنى جاكارلىدى، يېقىندىكىلەرگىمۇ ئىناقلىقنى جاكارلىدى»** ــ «ئۇ (مەسىھ) كېلىپ.. سىلەرگىمۇ..خۇش خەۋەرنى جاكارلىدى».... مۇشۇ ئىشتا بىز ئەيسا مەسىھنىڭ «ئۆز تېنى بولغان جامائەت» بىلەن بىر بولغانلىقىمىزنى كۆرىمىز. مەسىھ ئەيسا يەھۇدىي خەلقىگە خۇش خەۋەرنى جاكارلىغاندىن كېيىن، كرېستكە مىخلىنىپ، كۆمۈلۈپ، تىرىلگەن؛ ئاندىن ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ قانداقمۇ «سىلەرگە («يىراقلاردا تۇرغانلار»غا، يەنى يەھۇدىي ئەمەسلەرگە) كەلدى»؟ جاۋاب ئىنجىلدىكى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە كۆرۈلىدۇ. ئەيسانىڭ ئەلچىلىرى، جامائەتتىكىلىرى باشقىلارغا خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، ئۇ ئۆزى ئۇلار ئارقىلىق مۇشۇ ئىشنى قىلىدۇ. چۈنكى جامائەت ئۆزىنىڭ تېنىدۇر. مەسىلەن، «روس.» 1:1-2، 9:4-5 ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.
—«يېقىن تۇرغانلار» يەنە يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

**17:2** يەش. 19:57؛ ئەف. 12:3.

**18:2** يـۇھ. 9:10؛ 6:14؛ رىم. 2:5؛ ئەف. 12:3؛ ئىبر. 19:10.

**19:2** گال. 10:6.

20:2 **«سىلەر روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر بولغان ئۇلىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلماقتىسىلەر»** ــ ياكى، «سىلەر روسۇللارنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلماقتىسىلەر». **«سىلەر روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر بولغان ئۇلىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلماقتىسىلەر؛ بىنانىڭ «بۇرجەك تېشى» بولسا ئەيسا مەسىھ ئۆزىدۇر»** ــ «قوشۇمچە سۆز»دىكى «روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر» ئۈستىدىكى مۇزاكىرىمىزنى كۆرۈڭ.

**20:2** يەش. 16:28؛ مات. 18:16؛ 1كور. 9:3، 10؛ 1پېت. 4:2؛ ۋەھ. 14:21

21:2 **«ئۇنىڭدا پۈتكۈل بىنا پۇختا جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، رەبدە مۇقەددەس بىر ئىبادەتخانا بولۇشقا ئۆسۈپ بارماقتا»** ــ «رەبدە» «مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزىدە». 22-ئايەتتە «رەبدە» «ئۇنىڭدا» دەپ ئېلىنىدۇ.

**21:2** 1كور. 19:6؛ 2كور. 16:6؛ ئەف. 16:4.

قوشۇلۇپ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ بىر تۇرالغۇسى بولۇشقا روھتا
بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلماقتىسىلەر.

3 1 شۇ سەۋەبتىن سىلەر «يات ئەلدىكىلەر» ئۈچۈن مەسىھ
ئەيسانىڭ مەھبۇسى بولغان مەنكى پاۋلۇس — 2 (سىلەر
بەلكىم ماڭا تاپشۇرۇلغان، سىلەرگە خۇدانىڭ شەپقىتىنى ئېلىپ
بارىدىغان غوجىدارلىقىم توغرۇلۇق، 3 يەنى ئۇنىڭ ماڭا ۋەھيي بىلەن
سىرنى ئايان قىلغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەردار بولۇشۇڭلار مۇمكىن
(مەن بۇ توغرىسىدا ئىلگىرى ئاز-پاز يازغانىدىم؛ 4 سىلەر ئۇنى
ئوقۇغىنىڭلاردا، مەسىھنىڭ سىرى توغرۇلۇق يورۇتۇلغانلىقىمنى
بىلىپ يېتىسىلەر) 5 ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بۇ سىر ئىنسان بالىلىرىغا

22:2 «سىلەرمۇ قوشۇلۇپ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ بىر تۇرالغۇسى بولۇشقا روھتا بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلماقتىسىلەر» — «روھ» — مۇقەددەس روھ، خۇدانىڭ روھى.
1:3 «شۇ سەۋەبتىن سىلەر «يات ئەلدىكىلەر» ئۈچۈن مەسىھ ئەيسانىڭ مەھبۇسى بولغان مەنكى پاۋلۇس ـــــ....» — «مەسىھ ئەيسانىڭ مەھبۇرى» — پاۋلۇس بۇ مەكتۇپنى يازغاندا رىمدىكى بىر تۈرمىدە ياتاتتى. شۈبھىسىزكى، رىملىقلار پاۋلۇسنى «بىزنىڭ مەھبۇسىمىز» دەپ ئويلايتتى — لېكىن پاۋلۇس ئىشقا باشقىچە قارايتتى. رىملىقلارنىڭ ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغىنى خۇدانىڭ ئىرادىسى بولۇپ، شۇ ئىش بىلەن يات ئەللەردىن بولغان ئىشەنگۈچىلەرنىڭ كۆپ پايدا كۆرىدىغانلىقىغا پاۋلۇسنىڭ كۆزى يەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس: «سىلەر يات ئەلدىكىلەر ئۈچۈن» ئېيتقاندا، مەن «رىملىقلارنىڭ مەھبۇسى» ئەمەس، بەلكى «مەسىھنىڭ مەھبۇسى»مەن» دەيدۇ.
—ئەمەلىيەتتە پاۋلۇسنىڭ بۇ سۆزلىرى 14-ئايەتتە داۋاملىشىدۇ. 2-13-ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى «تىرناق ئىچىگە» ئېلىنىغان.
**1:3** روس. 33:21؛ ئەف. 1:4؛ فىل. 7:1، 13، 14، 16؛ كول. 3:4؛ 2تىم. 8:1؛ فلم. 1.
**2:3** روس. 2:13؛ رىم. 5:1؛ ئەف. 8:3.
3:3 «يەنى ئۇنىڭ ماڭا ۋەھيي بىلەن سىرنى ئايان قىلغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەردار بولۇشۇڭلار مۇمكىن مەن بۇ توغرىسىدا ئىلگىرى ئاز-پاز يازغانىدىم... » — مۇمكىنچىلىكى باركى، «مەن يەنە بۇ توغرىسىدا ئىلگىرى ئاز-پاز يازغانىدىم» دېگەن سۆز بولسا ئۇنىڭ مەزكۇر مەكتۇپتىكى 1-باب 9-ئايەتتە «مەسىھنىڭ سىرى» توغرۇلۇق يازغان سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ بىزنىڭچە ئۇ ئۇنىڭ ئەفەسۇسلۇقلارغا ئىلگىرى يازغان بىر خېتىنى كۆرسىتىدۇ.
**3:3** روس. 17:22، 21؛ 16:26، 17؛ رىم. 25:16؛ گال. 11:1، 12.

ئۇنىڭ مۇقەددەس روسۇللىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە روھ ئارقىلىق
هازىرقىدەك ئېنىق ۋەھيي قىلىنغاندەك، ئايان قىلىنغان ئەمەس.
6 دېمەك، خۇش خەۋەر ئارقىلىق «يات ئەلدىكىلەر»دىن بولغانلارمۇ
ئورتاق مىراسخورلار، تەندىكى ئورتاق ئەزالار، مەسىھ ئەيسادا بولغان
ۋەدىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولغۇچىلار بولىدۇ؛ 7 خۇدانىڭ شەپقىتى
ماڭا ئېلىپ كەلگەن ئىلتىپات بىلەن، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ
يۈرگۈزۈلۈشى بىلەن، مەن بۇ ئىشقا خىزمەتكار قىلىپ تەيىنلەندىم؛
8 ماڭا ــ مۇقەددەس بەندىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋىنىدىنمۇ تۆۋەن
بولغان ماڭا مۇشۇ ئىلتىپات، يەنى ئەللەر ئارىسىدا مەسىھنىڭ
مۆلچەرلىگۈسىز بايلىقلىرى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر جاكارلاش 9 ۋە
شۇنداقلا ھەممىنى ياراتقان خۇدادا يوشۇرۇن بولۇپ كەلگەن بۇ سىرنىڭ
قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى توغرۇلۇق ھەممەيلەننى يورۇتۇش

---

5:3 **«... روسۇللىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە روھ ئارقىلىق هازىرقىدەك ئېنىق ۋەھيي قىلىنغاندەك...»** ــ «روھ» ــ خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھ. **«ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بۇ سىر ئىنسان باللىرىغا ئۇنىڭ مۇقەددەس روسۇللىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە روھ ئارقىلىق هازىرقىدەك ئېنىق ۋەھيي قىلىنغاندەك، ئايان قىلىنغان ئەمەس»** ــ روسۇلنىڭ سۆزلىرى ئىنتايىن زىلدۇر. ئۇ مەسىھ ۋە جامائەت توغرۇلۇق بۇ سىر ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قەتئىي ئايان قىلىنماي قالغان ئەمەس، دەپ يۈرىتىدۇ؛ ئەمەلىيەتتە بولسا تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزى بېشارەتلىرىدە ھەم تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن بەزى ۋەقەلەردە بۇ سىر پۈرىتىلىپ غىل-پال كۆرۈنىدۇ.

**5:3** روس. 28:10.

6:3 **«دېمەك، خۇش خەۋەر ئارقىلىق...»** ــ «خۇش خەۋەر» ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇش كېرەككى، «ئىنجىل» دېگەن سۆز دەل «خۇش خەۋەر» دېگەن مەنىدە. **«دېمەك، خۇش خەۋەر ئارقىلىق «يات ئەلدىكىلەر»دىن بولغانلارمۇ ئورتاق مىراسخورلار، تەندىكى ئورتاق ئەزالار، مەسىھ ئەيسادا بولغان ۋەدىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولغۇچىلار بولىدۇ»** ــ يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ «ئورتاق مىراسخور» بولغانلىقى «ئىشەنگۈچى ئىسرائىل بىلەن ئورتاق مىراسخور» بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ «تەن» مۇشۇ يەردە مەسىھنىڭ تېنى، يەنى جامائەتنى كۆرسىتىدۇ.

**7:3** ئەف. 19:1؛ كول. 12:2.

8:3 **«ئەللەر ئارىسىدا مەسىھنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بايلىقلىرى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر جاكارلاش»** ــ «ئەللەر» مۇقەددەس كىتابتا دائىم دېيىلگەنىدەك، «يەھۇدىي ئەمەسلەر»، «يات ئەللىكلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

**8:3** روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ 1كور. 9:15؛ گال. 16:1؛ 8:2؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 11:1، 15.

**خىزمىتى ئامانەت قىلىندى. 10 بۇنىڭ مەقسىتى ئەرشلەردە بولغان**
**ھۆكۈمرانلارغا ھەم ھوقۇقلارغا خۇدانىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك دانالىقى**
**جامائەت ئارقىلىق ھازىر ئاشكارە قىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. 11 بۇ ئىش**
**بولسا، ئۇنىڭ مەسىھ ئەيسا رەببىمىزدە ئىجرا قىلىنغان مەڭگۈلۈك**
**مۇددىئاسى بويىچىدۇر؛ 12 ئۇنىڭ ئىشەنچ-سادىقلىقى ئارقىلىق بىز**
**جاسارەتكە ھەم خۇدانىڭ ئالدىغا خاتىرجەملىك بىلەن كىرىش**
**ھوقۇقىغا ئىگە بولدۇق؛ 13 شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى،**
**مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن تارتقان جاپا-جەبىرلىرىم تۈپەيلىدىن پەرىشان**
**بولماڭلار؛ چۈنكى بۇ ئىش سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلار بولىدۇ).**
**14 مەن شۇ سەۋەبتىن تىزلىرىمنى ئاتىغا پۈكىمەنكى، 15 ( ئاسمان-**
**زېمىندىكى بارلىق ئاتىلىق مۇناسىۋەتلەر ئۇنىڭدىن «ئاتا» نامىنى**
**ئالىدۇ) 16 ئۇ ئۆز شان-شەرىپىدىكى بايلىقلار بىلەن، روھى ئارقىلىق**

---

**9:3** يار. 1:3؛ زەب. 6:33؛ يـۇھ. 1:3؛ رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ كول. 16:1، 26؛ 2تىم. 10:1؛ تىت. 2:1؛ ئىبر. 2:1؛ 1پېت. 20:1.

10:3 **«بۇنىڭ مەقستى ئەرشلەردە بولغان ھۆكۈمرانلارغا ھەم ھوقۇقلارغا خۇدانىڭ كۆپ تەرەپلىملىك دانالىقى جامائەت ئارقىلىق ھازىر ئاشكارە قىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر»** — «ئەرشلەردە بولغان ھوكۈمرانلار» ھەم ھوقۇقلار بەلكىم ھەم پەرىشتىلەر ۋە يەنە جىن-شەيتانلارنى كۆرستىدۇ (12:6نى كۆرۈڭ).

**10:3** 1پېت. 12:1.

11:3 **«ئۇنىڭ مەسىھ ئەيسا رەببىمىزدە ئىجرا قىلىنغان مەڭگۈلۈك مۇددىئاسى بويىچىدۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى بولسا «ئۇنىڭ مەسىھ ئەيسا رەببىمىزدە نىشان قىلىنغان مەڭگۈلۈك مۇددىئاسى بويىچىدۇر».

**12:3** يـۇھ. 9:10؛ 6:14؛ رىم. 2:5؛ ئەف. 18:2؛ ئىبر. 19:10.

13:3 **«شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن تارتقان جاپا-جەبىرلىرىم تۈپەيلىدىن پەرىشان بولماڭلار؛ چۈنكى بۇ ئىش سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلار بولىدۇ»** — بۇ ئايەتنىڭ ئۈچ مۇمكىنچىلىكى بار مەنىسى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**13:3** فىل. 14:1؛ كول. 24:1؛ 1تېس. 3:3.

14:3 **«شۇ سەۋەبتىن ...»** — 1-ئايەتنىڭ داۋامى. **«مەن شۇ سەۋەبتىن تىزلىرىمنى ئاتىغا پۈكىمەنكى، ...»** — «ئاتا» خۇدا، ئەلۋەتتە. بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «شۇ سەۋەبتىن تىزلىرىمنى رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ئاتىسىغا پۈكىمەنكى،...» دېيىلىدۇ.

15:3 **«ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق ئاتىلىق مۇناسىۋەتلەر ئۇنىڭدىن «ئاتا» نامىنى ئالىدۇ»**

**سىلەرنى ئىچكى دۇنيايىڭلاردا كۈچلەندۈرگەي؛ [17] شۇنىڭ بىلەن**
**مەسىھ قەلبىڭلاردا ئىشەنچ ئارقىلىق تۇرۇپ، سىلەر مېھىر-مۇھەببەت**
**ئىچىدە يىلتىز تارتقان، ئۇل سېلىنغان، [18-19] بارلىق مۇقەددەس بەندىلەر**
**بىلەن بىللە مەسىھنىڭ مۇھەببىتىنىڭ كەڭلىكى، ئۇزۇنلۇقى،**
**چوڭقۇرلۇقى ۋە ئېگىزلىكىنى چۈشىنىپ ئىگىلىۋالغايسىلەر؛ يەنى**
**ئادەمنىڭ بىلىپ يېتىشىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ چۈشىدىغان ئۇنىڭ**
**مۇھەببىتىنى بىلىپ يەتكەيسىلەر، شۇنىڭدەك خۇدانىڭ مۇكەممەل**
**جەۋھىرى بىلەن تولدۇرۇلغايسىلەر. [20] ئەمدى ئىچىمىزدە يۈرگۈزىدىغان**
**قۇدرىتى بويىچە بارلىق تىلىكىمىز ياكى ئويلىغانلىرىمىزدىنمۇ**
**ھەددى-ھېسابسىز ئارتۇق ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا قادىر بولغۇچىغا، —**
**[21] ئۇنىڭغا دەۋردىن دەۋرگىچە، ئەبەدىلئەبەدگىچە جامائەتتە مەسىھ**
**ئەيسا ئارقىلىق شان-شەرەپ بولغاي! ئامىن!**

---

— بۇ سۆزنىڭ ئەھمىيىتى بەلكىم شۇكى، خۇدا «ئاتا» بولغاندىن كېيىن، ئاسمان-زېمىننى «ئاتىلىق»، يەنى «ئاتا-بالىلىق» (مەيلى ئىنسانلار ئارىسىدا بولسۇن، ھايۋانلار ئارىسىدا بولسۇن ياكى ھەتتا ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا بولسۇن) مۇناسىۋەتلەر بىلەن تولدۇرغان. پاۋلۇس، خۇدا ئۆزىنىڭ ئاتىلىق مۇھەببىتىنى مۇشۇ كۆپلىگەن مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولغان يەردە، مەن ئۇنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق بۈيۈك تىلەكنى تولىمۇ ئىشەنچ بىلەن تىلەيمەن، دېمەكچى.

16:3 **«ئۇ ئۆز شان-شەرىپىدىكى بايلىقلار بىلەن، روھى ئارقىلىق سىلەرنى ئىچكى دۇنيايىڭلاردا كۈچلەندۈرگەي»** — «ئىچكى دۇنيا» گرېك تىلىدا «ئىچكى ئادەم» — بۇ ئىبارە ئادەمنىڭ روھىنى، قەلبىنى، «ئىچكى دۇنيا»سىنى كۆرسىتىدۇ.

**16:3** ئەف. 10:6.

**17:3** كول. 7:2.

19-18:3 **«بارلىق مۇقەددەس بەندىلەر بىلەن بىللە مەسىھنىڭ مۇھەببىتىنىڭ كەڭلىكى، ئۇزۇنلۇقى، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئېگىزلىكىنى چۈشىنىپ ئىگىلىۋالغايسىلەر؛ يەنى ئادەمنىڭ بىلىپ يېتىشىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ چۈشىدىغان ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى بىلىپ يەتكەيسىلەر، شۇنىڭدەك خۇدانىڭ مۇكەممەل جەۋھىرى بىلەن تولدۇرۇلغايسىلەر»** — ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلىدۇكى، بۇ ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ مۇھەببەتنى تولۇق ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق كەلگەن كۈچ-قۇدرەت تولىمۇ كېرەكتۇر (16-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**20:3** رىم. 25:16.

# 4

[1] ئەمدى شۇ سەۋەبلەردىن، رەبنىڭ مەھبۇسى بولغان مەنكى،
خۇدانىڭ سىلەرنى چاقىرغان بۈيۈك چاقىرىقىغا لايىق هالدا
مېڭىشلىرىڭلارنى ئۆتۈنىمەن، [2] ھەممە ئىشتا كەمتەرلىك ۋە يۇۋاش-
مۇلايىملىق بىلەن، سەۋرچانلىق بىلەن، بىر-بىرىڭلارغا مۇھەببەت
ئىچىدە كەڭ قورساق بولۇپ، [3] ئىناق-خاتىرجەملىكنىڭ رىشتىسى
بىلەن، روھتا بولغان بىرلىكنى تۇتۇشقا ئىنتىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن.
[4] تەن بىردۇر، روھ بىردۇر، ــ خۇددى چاقىرىلغىنىڭلاردا، ئوخشاش بىر
ئارزۇ-ئۈمىدكە چاقىرىلغىنىڭلاردەك، ــ [5] رەب بىردۇر، ئىمان-ئېتىقاد
بىردۇر، چۆمۈلدۈرۈلۈش بىردۇر، [6] ھەممىنىڭ خۇدائاتىسى بىردۇر؛
ئۇ بولسا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى، ھەممىنى يۈرگۈزگۈچى
ۋە ھەممىمىزنىڭ ئىچىدە بولغۇچىدۇر. [7] شۇنداقتىمۇ ھازىر
ھەربىرىمىزگە مەسىھنىڭ ئىلتىپاتىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە شەپقەت
تەقدىم قىلىنغاندۇر؛ [8] شۇڭا، مۇقەددەس كىتابتا خۇدا ئېيتقىنىدەك: ــ
«ئۇ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى،
ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلغۇچىلارنى ئۇ ئۆزى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى،

---

**1:4** يار. 1:17؛ 1كور. 20:7؛ فل. 27:1؛ كول. 10:1؛ 1تېس. 12:2.
**2:4 «ھەممە ئىشتا كەمتەرلىك ۋە يۇۋاش-مۇلايىملىق بىلەن، سەۋرچانلىق بىلەن...»** ــ ئىنجىلدا «يۇۋاش-مۇلايىملىق»نىڭ ئالاھىدىلىكى بار؛ ئۇ بولسىمۇ قورقۇنچتىن كۆچلۈكلەرگە يول قويىدىغان ئاجىزلىق ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ يولىدا تالاش-تارتىشلاردىن قول ئۈزۈش، خۇدانىڭ ھەممە ئىشلىرىمىزنى زوراۋانلىقسىز، جېدەلسىز توغرا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىمان باغلاشتۇر؛ مۇشۇنداق پوزىتسىيە مۇلايىم، يۇۋاشلىق بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ.
**2:4** كول. 11:1؛ 12:3؛ 1تېس. 14:5.
**3:4 «... روھتا بولغان بىرلىكنى تۇتۇشقا ئىنتىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن»** ــ «روھتا» ــ خۇدانىڭ روھىدا، مۇقەددەس روھتا.
**5:4** قان. 39:4؛ مال. 10:2؛ 1كور. 8:4، 6؛ لۇقا 50:12
**6:4 «ھەممىمىزنىڭ ئىچىدە بولغۇچىدۇر»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ھەممىنىڭ ئىچىدە بولغۇچىدۇر» (ياكى «ھەممىنىڭ ئىچىدىدۇر» ياكى «ھەممىڭلارنىڭ ئىچىدە بولغۇچىدۇر») دېيىلىدۇ.
4-7-ئايەتلەر كۆرسەتكەن بىرلىكلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە قىسقىچە مۇزاكىرە قىلىمىز
**7:4** رىم. 6:12؛ 1كور. 11:12؛ 2كور. 13:10؛ 1پېت. 10:4.

**ھەم ئىنسانلارغا ئىلتىپاتلارنى تەقدىم قىلدى».**
**[9] ئەمدى «كۆتۈرۈلگەن» زات بولسا، ئاۋۋال يەرنىڭ تېگىگە چۈشكەن**
**زاتنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ [10] چۈشكەن زات بولسا بارلىق ئەرشلەردىن**
**يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەننىڭ دەل ئۆزىدۇر؛ كۆتۈرۈلۈشىنىڭ مەقسىتى،**
**ئالەمنىڭ بارلىقىنى تولدۇرۇشتىن ئىبارەت؛ [11] شۇڭا، بەزىلەرنى روسۇللار،**
**بەزىلەرنى پەيغەمبەرلەر، بەزىلەرنى خۇش خەۋەرچىلەر، بەزىلەرنى**
**باققۇچى ۋە ياكى تەلىم بەرگۈچىلەر قىلىپ تەيىنلىگەن دەل ئۆزىدۇر.**

---

**8:4 «شۇڭا، مۇقەددەس كىتابتا خۇدا ئېيتقىنىدەك: ــــ «ئۇ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى، ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلغۇچىلارنى ئۇ ئۆزى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى، ھەم ئىنسانلارغا ئىلتىپاتلارنى تەقدىم قىلدى»»** ــ روسۇل پاۋلۇس بۇ سۆزلىرىدە «زەبۇر»دىكى 18:68نى نەقىل كەلتۈرۈپ تۈپ مەنىنى يەكۈنلىگەن. «يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى» مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئەرشلەرگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەرشتىن ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرگە مۇقەددەس روھنى ئەۋەتىپ ھەرخىل ئىلتىپاتلارنى تەقدىم قىلدى ۋە شۇنىڭدەك ھازىرمۇ تەقدىم قىلماقتا.
—بۇ ئاجايىب بېشارەتنىڭ مەنىسىنى تولۇقراق تونۇش ئۈچۈن بىز «زەب.» 18:68گە قوشقان ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.
**8:4** زەب. 18:68
**9:4 «ئەمدى «كۆتۈرۈلگەن» زات بولسا، ئاۋۋال يەرنىڭ تېگىگە چۈشكەن زاتنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟»** ــ مەسىھنىڭ «يەرنىڭ تېگىگە (گرېك تىلىدا «تەگلىرىگە») چۈشكەن»لىكى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ «زەب.» 15:139نى كۆرۈڭ. بۇ زەبۇردىكى كۆپ بويىچە «يەرنىڭ تەگلىرى» بولسا ئىنساننىڭ تۈپ تەبىئىتى شەكىللەندۈرۈلگەن جاي بولۇپ، مەسىھنىڭ «يەرنىڭ تەگلىرىگە چۈشۈش»ى بەلكىم دەل ئىنساننىڭ تەبىئىتىنىڭ تۈپ مەسىلىسىنى، يەنى گۇناھلىق ماھىيىتىمىزنى ئۆزۈل-كېسىل بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا بىزنىڭچە بۇ ئىبارە مەسىھ كرېستكە مىخلىنىشىنىڭ چوڭقۇر ئازابلىرىدا بىر تەرەپ قىلغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ؛ بەزى ئالىملار، مەسىھنىڭ «چۈشكەنلىكى»، ئۆلۈمدىن كېيىن روھىنىڭ تەھتىساراغا چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭمۇ مۇمكىنچىلىكى بار.
**9:4** يۇھ. 13:3؛ 62:6؛ زەب. 15:139
**11:4 «شۇڭا، بەزىلەرنى روسۇللار، بەزىلەرنى پەيغەمبەرلەر، بەزىلەرنى خۇش خەۋەرچىلەر، بەزىلەرنى باققۇچى ۋە ياكى تەلىم بەرگۈچىلەر قىلىپ تەيىنلىگەن دەل ئۆزىدۇر»** ــ ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلىدۇكى، بۇ ئايەتتە ئېيتىلغان سوۋغاتلار (8-ئايەتنى كۆرۈڭ «روھىي ئىلتىپاتلار» ئەمەس، بەلكى «روھىي ئىلتىپاتلار»غا ئىگە بولغان روھىي ئادەملەردۇر. مەسىھ مۇشۇنداق ئادەملەرنى جامائەتتى ۋە دۇنيانى بەرىكەتلەش ئۈچۈن تەيىنلەيدۇ.
**11:4** 1كور. 28:12.

**12 بۇلارنىڭ مەقسىتى مۇقەددەس بەندىلەرنى خىزمەت ۋەزىپىسىگە،
جۈملىدىن مەسىھنىڭ تېنىنى قۇرۇپ چىقىشقا قوراللاندۇرۇپ
كامالەتكە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت؛ 13 ۋەزىپە ھەممىمىزنىڭ ئېتىقادتا
ھەم خۇدانىڭ ئوغلىنى تولۇق تونۇشتا بىرلىككە كېلىشىمىزگىچە،
كامىل ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىمىزغىچە، ــ يەنى مەسىھنىڭ
مۇكەممەل جەۋھىرى گەۋدىلەنگەن قەددى-قامەت ئۆلچىمىگە
يېتىشىمىزگىچە داۋاملاشتۇرۇلماقتا؛ 14 شۇنداق بولغاندا، يەنە گۆدەك
بالىلاردىن بولماي، ئادەملەرنىڭ قۇۋلۇقىدىن ئويلاپ چىققان ئالدامچى
نىيەت-پىلانلىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھىيلە-نەيرىڭىدىن چىققان
تەلىماتىنىڭ دولقۇنلىرىدىن ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ھەرخىل شامىلىدا
ئۇياق-بۇياققا ئۇچۇرۇلۇپ كەتمەيمىز؛ 15 ئەكسىچە، مېھىر-مۇھەببەت
ئىچىدە تۇرۇپ ھەقىقەتكە بېرىلىپ ئىش كۆرۈپ، بېشىمىز بولغان
مەسىھكە باغلىنىشتا ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بولىمىز؛
16 ئۇنىڭدىن پۈتكۈل تەن، ئەزالىرى بىر-بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلۇپ،**

---

12:4 **«مۇقەددەس بەندىلەرنى خىزمەت ۋەزىپىسىگە، جۈملىدىن مەسىھنىڭ تېنىنى قۇرۇپ چىقىشقا ...»** ــ «جۈملىدىن» ــ ياكى «يەنى» دەپ چۈشەنگىلى بولىدۇ. **«بۇلارنىڭ مەقسىتى مۇقەددەس بەندىلەرنى خىزمەت ۋەزىپىسىگە، جۈملىدىن مەسىھنىڭ تېنىنى قۇرۇپ چىقىشقا قوراللاندۇرۇپ كامالەتكە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت»** ــ دېمەك، روسۇللار، پەيغەمبەرلەر، خۇش خەۋەرچىلەر، باققۇچىلار ۋە تەلىم بەرگۈچىلەر (11-ئايەت)نىڭ ۋەزىپىسى مەسىھنىڭ تېنى بولغان جامائەتنى خۇدانىڭ تولۇق خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بۇ «روھانىي ئادەملەر»لا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جامائەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئۆز رولى بويىچە ۋەزىپىسىگە ئەمەل قىلىشى كېرەكتۇر.
—«قۇرۇپ چىقىش» دېگەن ئىبارە توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
—گرېك تىلىدا «قوراللاندۇرۇپ كامالەتكە كەلتۈرۈش» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**12:4** رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ ئەف. 23:1؛ 23:5؛ كول. 24:1.

**14:4** مات. 7:11؛ 1كور. 2:14.

15:4 **«... بېشىمىز بولغان مەسىھكە باغلىنىشتا ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بولىمىز»** ــ سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى: «... بېشىمىز بولغان مەسىھكە باغلىنىشتا ئۇنىڭغا (ياكى «ئۇنىڭ ئىچىگە») ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بولىمىز». دېمەك، «ئاللىقاچان ئۇنىڭ تېنىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ھالدا ... داۋاملىق ئۆسىدىغان...».

**15:4** ئەف. 23:5؛ كول. 18:1.

ئوزۇقلۇق تەمىنلىگۈچى ھەربىر ئۇگە ئارقىلىق بىر-بىرىگە
تۇتاشتۇرۇلۇپ، ھەربىر ئەزانىڭ ئۆزىگە خاس ئۆلچەنگەن ۋەزىپىنى
ئۆتىشى بىلەن بارغانچە ئۆستۈرۈلۈپ، مۇھەببەت ئىچىدە ئۆز-ئۆزىنى
قۇرۇپ چىقىشقا ئىشلىمەكتە.
17 شۇڭا شۇنى ئېيتىمەنكى، رەبتە ئۇنى تاپىلايمەنكى، يات
ئەللەرنىڭكىدەك، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئوي-پىكىرلىرىنىڭ
بىمەنىلىكىدە ماڭغىنىدەك مېڭىۋەرمەسلىكىڭلار كېرەك؛ 18 ئۇلار
قەلبىنىڭ قاتتىقلىقىدىن كېلىپ چىققان بىلىمسىزلىك تۈپەيلىدىن،
خۇدانىڭ ھاياتىدىن ئادا-جۇدا قىلىنىپ، چۈشەنچىسى قاراڭغۇلىشىپ
كەتكەن، 19 ئار-نومۇسنى تاشلىۋېتىپ، نەپسانىيەتچىلىكى ئاۋۇپ
ھەرخىل ئىپلاسلىقلارنى يۈرگۈزۈشكە، كەيپ-ساپاغا بېرىلگەن.
20 ئەمما سىلەر بولساڭلار، مەسىھنى شۇنداق يولدا ئۆگىنىپ تونۇغان
ئەمەسسىلەر — 21 (ھەقىقەتنىڭ ئەيسادا بولغىنىدەك، ئۇنى ھەقىقەتەن
ئاڭلىغان، ئۇنىڭدا ئۆگىتىلگەن بولساڭلار) — 22 دېمەك، ئىلگىرىكى
تۇرمۇشۇڭلارغا خاس بولغان، ئالدامچى ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە ئەگىشىپ
ئۆزىنى بۇلغىغۇچى «كونا ئادەم»نى سېلىۋېتىپ، 23 ئوي-زېھنىڭلارنىڭ
روھىدا يېڭىلىنىپ، 24 خۇدانىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن،
ھەقىقەتتىن چىققان ھەققانىيلىقتا ۋە پاك-مۇقەددەسلىكتە

16:4 **«ئۇنىڭدىن پۈتكۈل تەن، ئەزالىرى بىر-بىرىگە جىپسلاشتۇرۇلۇپ، ئوزۇقلۇق تەمىنلىگۈچى ھەربىر ئۇگە ئارقىلىق بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ...»** — «پۈتكۈل تەن» — جامائەتتۇر.

**16:4** رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ ئەف. 21:2.

**17:4** رىم. 1:9، 18؛ 1پېت. 3:4.

**18:4** 1تېس. 5:4.

22:4 **«ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇڭلارغا خاس بولغان، ئالدامچى ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە ئەگىشىپ ئۆزىنى بۇلغىغۇچى «كونا ئادەم»نى سېلىۋېتىپ، ...»** — «كونا ئادەم» توغرۇلۇق «رىم.» 6:6 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**22:4** كول. 9:3؛ ئىبر. 1:12؛ 1پېت. 1:2.

**يارىتىلغان «يېڭى ئادەم»نى كىيىۋېلىشىڭلار كېرەكتۇر.**
**25 شۇنىڭ بىلەن يالغانچىلىقنى سېلىۋېتىپ، ھەربىرىمىز ئۆز**
**يېقىنلىرىمىز بىلەن ھەقىقەتنى سۆزلىشەيلى؛ چۈنكى بىز بىر-**
**بىرىمىزگە نىسبەتەن بىر تەننىڭ ئەزالىرىدۇرمىز.**
**26 «ئاچچىقلىنىڭلار، ئەمما گۇناھ قىلماڭلار»؛ غەزىپىڭلار كۈن پاتقۇچە**
**داۋام ئېتىۋەرمىسۇن؛ 27 ياكى ئىبلىسقا ھېچ ئورۇن قويۇپ بەرمەڭلار.**
**28 ئوغرى ئىككىنچى ئوغرىلىق قىلمىسۇن؛ ئەكسىچە ئۇ مېھنەت**
**قىلىپ ئىككى قولىغا تايىنىپ ھالال ئىش قىلسۇنكى، ھاجىتى**
**بولغانلارغىمۇ بۆلۈپ بەرگۈدەك ئۆز تاپقىنى بولسۇن.**
**29 ئاغزىڭلاردىن ھېچقانداق ئىپلاس سۆز چىقمىسۇن، پەقەت**
**ئاڭلىغۇچىلارغا شەپقەت يەتسۇن ئۈچۈن، ئېھتىياجقا ئۇيغۇن ۋە**
**ئادەمنى قۇرۇپ چىقىدىغان سۆزلەرنى ئېيتىڭلار. 30 خۇدانىڭ مۇقەددەس**
**روھىغا ئازاب بەرمەڭلەر؛ چۈنكى سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ھۆر-نىجات**

---

**24:4** رىم. 4:6؛ كول. 10:3؛ 1پېت. 2:4.

**25:4** زەك. 16:8.

26:4 **«ئاچچىقلىنىڭلار، ئەمما گۇناھ قىلماڭلار»** ــ «زەك.» 16:8، «زەب.» 4:4. بۇ ئايەت 25-ئايەتتىكى «ھەقىقەتنى سۆزلىشەيلى» دېگەن سۆز بىلەن باغلىقتۇر. بىر تەرەپتىن ئاچچىقلىنىشقا تېگىشلىك سەۋەبى بولۇپ تۇرۇپ گەپ قىلمىسا گۇناھ بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاچچىق ئادەمنى گۇناھقا باشلىشىمۇ مۇمكىن، شۇ تەرەپتىنمۇ ھېزى بولۇشى كېرەك. شۇڭا «ئاچچىقلىنىڭلار، ئەمما گۇناھ قىلماڭلار» دېيىلىدۇ. **«غەزىپىڭلار كۈن پاتقۇچە داۋام ئېتىۋەرمىسۇن»** ــ يەنە بىرخىل تەرجىمىسى: «ئاچچىقلاشنىڭ سەۋەبى كۈن پاتقۇچە داۋاملىشىۋەرمىسۇن». ئەگەر بۇ تەرجىمە توغرا بولسا، ئادەم ئۇنىڭغا زادى قانداق ئەمەل قىلىشى كېرەك؟ ــ بىزنىڭچە بۇ تەرجىمە مەنتىقىغە ئۇيغۇن ئەمەس.

**26:4** زەب. 4:4

27:4 **«ياكى ئىبلىسقا ھېچ ئورۇن قويۇپ بەرمەڭلار»** ــ «ئىبلىس» ــ شەيتان.

**27:4** ياق. 7:4؛ 1پېت. 9:5.

**28:4** روس. 35:20؛ 1تېس. 11:4؛ 2تېس. 8:3، 12.

**29:4** مات. 36:12؛ ئەف. 3:5، 4.

كۆنى ئۇچۇن مۆھۆرلەنگەنسىلەر؛ [31] ئۆزۈڭلاردىن ھەرقانداق ئۆچ-
ئاداۋەت، ئاچچىق-غەزەپ، قەھر، جېدەل-ماجىرالار، تىل-ئاھانەت
ھەمدە ھەرخىل قارا نىيەتلەرنى نېرى قىلىڭلار؛ [32] بىر-بىرىڭلارغا
مېھرىبان، يۇمشاق دىللىق بولۇپ، خۇدا مەسىھتە سىلەرنى كەچۈرۈم
قىلغىنىدەك بىر-بىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلىڭلار.

## داۋامى

5 [1-2] شۇڭا خۇدانىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدىن بولۇپ، ئۇنى ئۈلگە
قىلىڭلار؛ ھەمدە مەسىھ بىزنى سۆيۈپ، ئۆزىنى بىز ئۈچۈن
خۇداغا خۇشپۇراق سۇپىتىدە ھەدىيە-قۇربانلىق بولۇشقا ئاتاپ پىدا
قىلغاندەك سىلەرمۇ مۇھەببەت ئىچىدە مېڭىڭلار. [3] ئەمما مۇقەددەس
بەندىلەرگە لايىق ھالدا، بۇزۇقلۇق، ھەرقانداق پاسكىنىلىق ياكى
نەپسانىيەتچىلىك ئاراڭلاردا ھەتتا تىلغىمۇ ئېلىنمىسۇن؛ [4] شۇنداقلا
ئېپلاسلىق، ئەخمىقانە پاراڭلار ياكى چاكىنا چاقچاقلارمۇ تىلىڭلارغا
ئېلىنمىسۇن ــ بۇلارمۇ مۇۋاپىق ئەمەستۇر ــ بەلكى ئاغزىڭلاردىن
تەشەككۈرلەر چىقسۇن.
[5] چۈنكى شۇنىڭدىن خەۋەردارسىلەركى، ھەرقانداق بۇزۇقلۇق
قىلغۇچى، ناپاك بولغۇچى ياكى نەپسانىيەتچى كىشى (بۇنداق

---

**30:4** «چۈنكى سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ھۆر-نىجات كۈنى ئۈچۈن مۆھۆرلەنگەنسىلەر» ــ «ھۆر-نىجات كۈنى» ــ 1:14دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**30:4** لۇقا 28:21؛ رىم. 16:8، 23؛ 2كور. 22:1؛ 5:5؛ ئەف. 13:1، 14.

**31:4** كول. 19:3.

**32:4** «مەسىھ بىزنى سۆيۈپ، ئۆزىنى بىز ئۈچۈن خۇداغا خۇشپۇراق سۇپىتىدە ھەدىيە-قۇربانلىق بولۇشقا ئاتاپ پىدا قىلغاندەك سىلەرمۇ مۇھەببەت ئىچىدە مېڭىڭلار» ــ «خۇشپۇراق سۇپىتىدە ھەدىيە-قۇربانلىق» مۇشۇ يەردە (بارلىقى خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلگەن) «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**32:4** مات. 14:6؛ مار. 25:11؛ فىل. 1:2؛ كول. 12:3، 13.

**2-1:5** يۇھ. 34:13؛ 12:15؛ گال. 20:2؛ 1تېس. 9:4؛ تىت. 14:2؛ 1پېت. 18:3؛ ئىبر. 3:8؛ 14:9؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4

**3:5** مار. 21:7؛ ئەف. 29:4؛ كول. 5:3.

كىشى ئەمەلىيەتتە بىر بۇتپەرەسكە باراۋەر) مەسىھ ۋە خۇدانىڭ
پادىشاھلىقىغا مىراسخور بولالمايدۇ. [6] ھېچكىمگە ئۆزۈڭلارنى قۇرۇق
گەپلەر بىلەن ئالداتماڭلار؛ چۈنكى بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ
غەزىپى ئىتائەتسىزلىكتىن بولغان پەرزەنتلەرنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.
[7] شۇڭا ئۇلارغا مۇشۇ ئىشلاردا شېرىك بولماڭلار؛ [8] چۈنكى سىلەر
ئەسلى قاراڭغۇلۇق ئىدىڭلار، لېكىن ھازىر رەبدە يورۇقلۇقسىلەر؛
يورۇقلۇقنىڭ پەرزەنتلىرىگە لايىق مېڭىڭلار [9] (چۈنكى يورۇقلۇقنىڭ
مېۋىسى تولۇق مېھرىبانلىق، ھەققانىيلىق ۋە ھەقىقەتتىن تەركىب
تاپقاندۇر)، [10] نېمە ئىشلارنىڭ رەبنى خۇرسەن قىلىدىغانلىقىنى
ئۆگىنىپ ئىسپاتلاڭلار. [11] قاراڭغۇلۇقتىكى مېۋىسىز ئىشلار بىلەن
چېتىلىپ قالماڭلار؛ ئەكسىچە، ئۇلارنى ئېچىپ ئەيىبلەڭلار؛ [12] چۈنكى
ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنچە ئىشلىگەنلىرىنى ھەتتا تىلغا ئېلىشمۇ نومۇس
ئىشتۇر. [13] ئەمما يورۇقلۇق بىلەن ئەيىبلەپ ئاشكارىلىغان ھەرقانداق
نەرسە ئوچۇق كۆرۈنىدۇ؛ يورۇقلۇق ئاشكارىلانغان ھەممە نەرسە
يورۇقلۇققا ئايلىنىدۇ. [14] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ــ
«ئويغان، ئەي ئۇيقۇچى!
تىرىل ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن!
ۋە مەسىھ سېنى پارلاپ يورىتىدۇ».

---

**5:5** 1كور. 10:6؛ گال. 19:5؛ كول. 5:3؛ ۋەھ. 15:22.

**6:5** يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ مار. 5:13؛ لۇقا 8:21؛ كول. 4:2، 18؛ 2تېس. 3:2؛ 1يۇھ. 1:4.

**8:5** 1تېس. 4:5.

**9:5** گال. 22:5.

**11:5** مات. 17:18؛ 1كور. 8:5؛ 20:10؛ 2كور. 14:6؛ 2تېس. 14:3.

**13:5** يۇھ. 20:3، 21.

14:5 **«ئويغان، ئەي ئۇيقۇچى! تىرىل ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن! ۋە مەسىھ سېنى پارلاپ يورىتىدۇ»** ــ بۇ سۆزلەر تەۋراتتىكى بېشارەت ئەمەس، بەلكى تەۋراتتىكى بىرنەچچە بېشارەتلەرنىڭ بىرخىل يەكۈنى ياكى ئىنجىل دەۋرىدىكى نامەلۇم پەيغەمبەرنىڭ كۆي-مەدھىيە سۆزلىرىدىن ئېلىنغان سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن.

**14:5** رىم. 11:13؛ 1تېس. 6:5.

[15] شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ مېڭىۋاتقان يولۇڭلارغا ئېھتىيات بىلەن
دىققەت قىلىڭلار؛ يولۇڭلار نادانلارنىڭكىدەك ئەمەس، دانالارنىڭكىدەك
بولسۇن؛ [16] ۋاقىت-پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تۇتۇۋېلىڭلار؛
چۈنكى مۇشۇ دەۋر رەزىلدۇر. [17] بۇ سەۋەبتىن نادان بولماڭلار، بەلكى
رەبنىڭ ئىرادىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگۈچى بولۇڭلار؛
[18] هاراق-شاراب ئىچىپ مەست بولماڭلار؛ شۇنداق قىلىق ئادەمنى
شاللاقلاشتۇرىدۇ؛ بۇنىڭ ئورنىغا روهقا تولدۇرۇلغۇچى بولۇڭلار،
[19] بىر-بىرىڭلارغا زەبۇر-نەغمىلەر، مەدھىيە كۈيلىرى ۋە روهىي
ناخشىلار ئېيتىشىپ، قەلبىڭلاردا ناخشا-نەغمىلەر ياڭرىتىپ
رەبنى مەدھىيىلەڭلار؛ [20] هەردائىم ھەممە ئىشلار ئۈچۈن رەب ئەيسا
مەسىھنىڭ نامىدا خۇدا ھەم ئاتا بولغۇچىغا تەشەككۈر-رەھمەت ئېيتىڭلار، [21] مەسىھتىن ئەيمىنىپ، بىر-بىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار.

**15:5** كول. 5:4.

**16:5** **«ۋاقىت-پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تۇتۇۋېلىڭلار...»** ــ گرېك تىلىدا «مۇشۇ كۈنلەرنى غەنىيمەت بىلىپ تۇتۇۋېلىڭلار...».

**16:5** رىم. 11:13.

**17:5** رىم. 2:12؛ 1تېس. 3:4.

**18:5** **«هاراق-شاراب ئىچىپ مەست بولماڭلار؛ شۇنداق قىلىق ئادەمنى شاللاقلاشتۇرىدۇ؛ بۇنىڭ ئورنىغا روهقا تولدۇرۇلغۇچى بولۇڭلار..»** ــ «روه» ــ خۇدانىڭ روهى، مۇقەددەس روه

**18:5** پەند. 29:23؛ يەش. 11:5، 22؛ لۇقا 34:21؛ روس.4:2.

**19:5** **«بىر-بىرىڭلارغا زەبۇر-نەغمىلەر، مەدھىيە كۈيلىرى ۋە روهىي ناخشىلار ئېيتىشىپ، قەلبىڭلاردا ناخشا-نەغمىلەر ياڭرىتىپ رەبنى مەدھىيىلەڭلار»** ــ «زەبۇر-نەغمىلەر» بەلكىم سازغا تەڭكەش قىلىنىپ ئېيتىلىدىغان ناخشىلار؛ «مەدھىيە كۈيلىرى» بەلكىم سازسىز ناخشىلار؛ «روهىي ناخشىلار» بەلكىم ستىخىيىلىكتىن، ئۆزلىكىدىن، مۇقەددەس روهنىڭ ئىلهامى بىلەن ئېيتىلغان ناخشىلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («1كور.» 15:14نى ۋە ئىزاهاتلارنىمۇ كۆرۈڭ).

**19:5** كول. 16:3.

**20:5** كول. 17:3؛ 1تېس. 18:5.

**21:5** **«مەسىھتىن ئەيمىنىپ، بىر-بىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار»** ــ بۇ ئىشلار ۋە قالغان جېكىلەشلەر ئاساسەن ھەممىسى «مۇقەددەس روهقا تولدۇرۇلۇش»نىڭ نەتىجىسىدۇر.
—«مەسىھتىن ئەيمىنىپ، بىر-بىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار» ــ «مەسىھتىن ئەيمىنىش» بىرىنچى ئورۇندا بولۇش كېرەك؛ جامائەتتىكى مەلۇم بىر قېرىندىشىغا بويسۇنۇش مەسىھنىڭ ئەمرلىرىگە

[22] سىلەر ئاياللار، رەبگە بويسۇنغاندەك ئۆز ئەرلىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار؛
[23] چۈنكى مەسىھ جامائەتنىڭ بېشى بولغاندەك، ئەر ئايالىنىڭ
بېشىدۇر؛ مەسىھ يەنە تەنگە قۇتقۇزغۇچىدۇر. [24] ئەمدىلىكتە
جامائەت مەسىھكە بويسۇنغاندەك، ئاياللار ئەرلىرىگە ھەممە ئىشتا
بويسۇنسۇن.
[25] ئەرلەر ئاياللىرىڭلارنى سۆيۈڭلار، خۇددى مەسىھنىڭمۇ جامائەتنى
سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغىنىدەك سۆيۈڭلار؛
[26] مەسىھنىڭ جامائەت ئۈچۈن شۇنداق قىلىشى جامائەتنى مۇقەددەس
قىلىپ، «داسنىڭ سۈيى» بولغان سۆز-كالام بىلەن يۇيۇپ پاكلاندۇرۇش
ئۈچۈندۇر، [27] شۇنىڭدەك جامائەتنى شەرەپلىك ھالدا ئۆزىگە ھازىر

ئۇيغۇن كەلمىسە ئۇ چاغدا ئۇ قېرىندىشىغا بويسۇنماسلىق كېرەكتۇر.

**22:5** يار. 3:16؛ 1كور. 14:34؛ كول. 3:18؛ تىت. 2:5؛ 1پېت. 3:1.

23:5 **«چۈنكى مەسىھ جامائەتنىڭ بېشى بولغاندەك، ئەر ئايالىنىڭ بېشىدۇر؛ مەسىھ يەنە تەنگە قۇتقۇزغۇچىدۇر»** — «تەن» مۇشۇ يەردە «جامائەت»نى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن روسۇل پاۋلۇس مۇشۇ يەردە «مەسىھ تەنگە قۇتقۇزغۇچىدۇر» دېگەن سۆزى بىلەن، ئەرنىڭ ئۆز ئايالىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئايالىنىڭ تېنىنى ئاسراش مەسئۇلىيىتى بار، دېگەننى پۈرىتىدۇ.

**23:5** رىم. 12:5؛ 1كور. 11:3؛ 12:27؛ ئەف. 1:22، 23؛ 4:12، 15؛ كول. 1:18، 24.

**25:5** گال. 1:4؛ ئەف. 5:2؛ كول. 3:19.

26:5 **«مەسىھنىڭ جامائەت ئۈچۈن شۇنداق قىلىشى جامائەتنى مۇقەددەس قىلىپ، «داسنىڭ سۈيى» بولغان سۆز-كالام بىلەن يۇيۇپ پاكلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر»** — «جامائەتنى» گرېك تىلىدا «ئۇنى». بۇ ئايەتتىكى «ئۇ» جامائەتنى كۆرسەتكەندە، گرېك تىلىدىكى «ئايالچە رود»تا ئىپادىلىنىدۇ. ئايەتتىكى ئوخشىتىش دەل شۇكى، يىگىتنىڭ تويىدا ئۆزىگە ياتلىق بولىدىغان سۆيۈملۈك قىزنى ئۆزىگە ھازىر قىلغىنىدەك، مەسىھ جامائەتنى ئۆزىگە ھازىر قىلىدۇ. تويى بولسا جەننەتتە بولىدۇ («ۋەھ.» 19:7-9، 21:9-10نى كۆرۈڭ). **«... «داسنىڭ سۈيى» بولغان سۆز-كالام بىلەن يۇيۇپ پاكلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر»** — «داسنىڭ سۈيى» تەۋرات دەۋرىدىكى زامانلاردا كاھىنلار ئىبادەتخانىدا خۇداغا ھەرقېتىم يېقىنلاشقاندا، پۇتقول تەنلىرىنى چوڭ داس («دېڭىز») ئىچىدە يۇيۇشى كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاش يولدا خۇداغا يېقىنلاشقىنىمىزدا، بىزدە نالايىق بىرەر ئىشلار بولسا، ئۇنىڭ سۆز-كالامى بىزگە پاكلاندۇرۇش يولىنى (دېمەك، گۇناھنى ئىقرار قىلىپ، توۋا قىلىش، ئەيسانىڭ قېنى ئارقىلىق كەچۈرۈم قىلىنىپ پاكلاندۇرۇلۇش يولىنى) كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**26:5** تىت. 3:5؛ 1پېت. 3:21.

**قىلىپ، ئۇنى ھېچ داغ، قورۇق ياكى بۇلارغا ئوخشاش ھەرقانداق**
**نەرسىلەردىن خالىي قىلىپ، تولۇق مۇقەددەس ۋە ئەيىبسىز قىلىشتىن**
**ئىبارەتتۇر. [28] شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىنى ئۆز تېنىنى**
**سۆيگەندەك سۆيۈشى كېرەكتۇر؛ ئۆز ئايالىنى سۆيگەن كىشى**
**ئۆزىنى سۆيگەن بىلەن باراۋەر. [29] چۈنكى ھېچكىم ئەسلا ئۆزىنىڭ**
**ئېتىدىن نەپرەتلەنگەن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ ھەم**
**ئاسرايدۇ؛ بۇ خۇددى مەسىھنىڭ جامائەتنى ئوزۇقلاندۇرىدىغىنىغا**
**ھەم ئۇنى ئاسرايدىغىنىغا ئوخشايدۇ. [30] چۈنكى بىز ئۇنىڭ تېنىنىڭ**
**ئەزالىرىدۇرمىز: ــ**
**[31] «شۇ سەۋەبتىن ئەر ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئايالىغا**
**باغلىنىدۇ؛ ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ».**
**[32] بۇ سىر ئىنتايىن چوڭقۇردۇر؛ ئەمما مەن ھازىر مەسىھ ۋە جامائەت**
**توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىمەن. [33] ئەمما سىلەرمۇ ھەربىرىڭلار ئۆز**
**ئاياللىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارنى سۆيگەندەك سۆيۈڭلار؛ ئايال بولسا، ئېرىدىن**
**ئەيمىنىپ، ئۇنى ھۆرمەتلىسۇن.**

---

**27:5** كول. 22:1.

**30:5** **«چۈنكى بىز ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئەزالىرىدۇرمىز: ــ»** ــ بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە: «چۈنكى بىز ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئەزالىرىدۇرمىز؛ بىز ئۇنىڭ ئەتلىرىدىن، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىدىن بولغانمىز» دېيىلىدۇ («يار.» 23:2نى كۆرۈڭ).

**30:5** رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12.

**31:5** **«شۇ سەۋەبتىن ئەر ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئايالىغا باغلىنىدۇ؛ ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ»** ــ «يار.» 23:2.

**31:5** يار. 24:2؛ مات. 5:19؛ مار. 7:10؛ 1كور. 16:6.

**32:5** **«بۇ سىر ئىنتايىن چوڭقۇردۇر؛ ئەمما مەن ھازىر مەسىھ ۋە جامائەت توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىمەن»** ــ ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىپ بىر تەن بولۇشى دەرھەقىقەت چوڭقۇر بىر سىر؛ مەسىھنىڭ جامائەتكە باغلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولۇشى تېخىمۇ چوڭقۇر بىر سىردۇر.

6 [1] باللار، رەبدە ئاتا-ئانىلىرىڭلارغا ئىتائەت قىلىڭلار؛ چۈنكى بۇ
دۇرۇسدۇر. [2] «ئاتاڭنى ۋە ئاناڭنى ھۆرمەتلە» ــ بۇ بولسا ئىچىگە
ۋەدىنى ئالغان بىرىنچى ئەمردۇر ــ
[3] «شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئىشلىرىڭ قۇتلۇق بولىدۇ، زېمىندا ئۇزۇن
ئۆمۈر كۆرىسەن» ــ دەپ ۋەدە قىلىنغان.
[4] سىلەر ئاتىلار، باللىرىڭلارنى خاپا قىلماڭلار، بەلكى ئۇلارنى رەبنىڭ
تەربىيىسى ھەم كۆرسەتمىسىدە بېقىڭلار.
[5] سىلەر قۇللار، ئەتتىن بولغان خوجايىنىڭلارغا مەسىھكە ئىتائەت
قىلغىنىڭلاردەك چىن كۆڭلۈڭلاردىن ئەيمىنىش ۋە تىترەش بىلەن
ئىتائەت قىلىڭلار؛ [6] پەقەت كۆز ئالدىدىلا خىزمەت قىلىپ، ئادەمنى
خۇش قىلغۇچى قۇللاردىن بولماڭلار، بەلكى مەسىھنىڭ قۇللىرىنىڭ
سۈپىتىدە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى جان-دىل بىلەن بەجا كەلتۈرۈڭلار،
[7] ئادەملەرگە ئەمەس، بەلكى رەبگە چىن دىلىڭلاردىن خىزمەت
قىلىڭلار؛ [8] شۇنى بىلگەنكى، ھەرقانداق ئادەم بىرەر ياخشىلىق
قىلسا، مەيلى ئۇ قۇل بولسۇن ياكى ھۆر بولسۇن، شۇ ئىش رەبدىن
ئۇنىڭغا يانىدۇ.
[9] سىلەر خوجايىنلار، قۇللىرىڭلارغىمۇ ئوخشاش يول بىلەن مۇئامىلە
قىلىپ، ئۇلارغا ھەيۋە قىلىشتىن قول ئۈزۈڭلار؛ چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ ۋە

---

**1:6** كول. 20:3.

**2:6 «ئاتاڭنى ۋە ئاناڭنى ھۆرمەتلە»** ــ «مىس.» 12:20.

**2:6** مىس. 12:20؛ قان. 16:5؛ 16:27؛ مات. 4:15؛ مار. 10:7.

**3:6 «شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئىشلىرىڭ قۇتلۇق بولىدۇ، زېمىندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن»** ــ «مىس.» 12:20، «قان.» 16:5.

**4:6** قان. 7:6، 20؛ زەب. 4:78؛ پەند. 8:19؛ 17:29.

**5:6 «سىلەر قۇللار، ئەتتىن بولغان خوجايىنىڭلارغا مەسىھكە ئىتائەت قىلغىنىڭلاردەك چىن كۆڭلۈڭلاردىن ئەيمىنىش ۋە تىترەش بىلەن ئىتائەت قىلىڭلار»** ــ ھەممىمىزنىڭ «ئەيمىنىش ۋە تىترەش» پوزىتسىيىسى بىلەن خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. «ئەيمىنىش ۋە تىترەش» ئىنسانىنىڭ ئالدىدا ئەمەس، خۇدانىڭ ئالدىدا بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

**5:6** كول. 22:3؛ 1تىم. 1:6؛ تىت. 9:2؛ 1پېت. 18:2.

سىلەرنىڭمۇ خوجايىنىڭلار ئەرشتىدۇر، ئۇنىڭدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ
يۈز-خاتىرىسىنى قىلىش دېگەننىڭ يوقلۇقىنى بىلىسىلەر.

[10]ئاخىردا، قېرىنداشلار، رەبدە ۋە ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدە
كۈچلەندۈرۈلۈڭلار؛ [11]ئىبلىسنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرىگە تاقابىل
تۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن خۇدانىڭ پۈتكۈل ساۋۇت-ياراغنى كىيىۋېلىڭلار؛
[12]چۈنكى ئېلىشىدىغىنىمىز ئەت ۋە قان ئىگىلىرى ئەمەس،
بەلكى ھۆكۈمرانلار، ھوقۇقدارلار، بۇ دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇقنى
باشقۇرغۇچى دۇنياۋى ئەمىرلەر، يەنى ئەرشلەردە تۇرۇۋاتقان رەزىل
روھىي كۈچلەردۇر. [13]مۇشۇ ۋەجىدىن ئۆزۈڭلارغا خۇدانىڭ پۈتۈن
ساۋۇت-ياراغنى ئېلىپ ئارتىڭلاركى، رەزىللىك كۈنىدە بەرداشلىق
بىلەن قاتتىق تۇرىدىغان، ئاخىر ھەممە ئىشنى ئادا قىلىپ، يەرنى
چىڭ دەسسەپ تۇرىدىغان بولىسىلەر. [14-15]ئەمدى چىڭ تۇرۇڭلار ــ
ھەقىقەت بەلۋېغىنى بېلىڭلارغا باغلاپ، مەيدەڭلەرگە ھەققانىيلىق
ساۋۇتىنى كىيىپ، پۇتۇڭلارغا خاتىرجەم-ئىناقلىق خۇش خەۋىرىنى
يەتكۈزۈشكە تەييارلىق چورۇقىنى كىيىپ، يەرنى چىڭ دەسسەپ
تۇرۇڭلار. [16]بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمان-ئىشەنچنىڭ قالقىنىنى
قولغا ئېلىڭلار؛ ئۇنىڭ بىلەن سىلەر رەزىل بولغۇچىنىڭ بارلىق ئوت

---

**9:6** قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ كول. 25:3؛ 1:4؛ 1پېت. 17:1.

**11:6** كول. 12:3؛ 1تېس. 8:5.

**12:6** ئەف. 2:2.

13:6 **«رەزىللىك كۈنىدە بەرداشلىق بىلەن قاتتىق تۇرىدىغان، ئاخىر ھەممە ئىشنى ئادا قىلىپ، يەرنى چىڭ دەسسەپ تۇرىدىغان بولىسىلەر»** ــ «رەزىللىك كۈنى» بەلكىم رەزىللىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان كۈن، شەيتاننىڭ كۈچى زور نامايان قىلىنىدىغان كۈننى كۆرسىتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ «ھازىرقى زامان»نىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئاخىر بېرىپ «مەسىھنىڭ كۈنى» «رەزىللىك كۈنى»نى تۈگەشتۈرىدۇ.

**13:6** 2كور. 4:10.

**15-14:6** يەش. 17:59؛ لۇقا 35:12؛ 2كور. 7:6؛ 1پېت. 13:1.

ئوقلىرىنى ئۆچۈرىۋېتەلەيدىغان بولىسىلەر. [17] ھەمدە بېشىڭلارغا
نىجاتنىڭ دۇبۇلغىسىنى كىيىپ، خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى، يەنى
روھنىڭ قىلىچىنى ئېلىڭلار؛ [18] ھەممە ۋاقىت-پەسىلدە روھتا
ھەرخىل دۇئا-تىلاۋەت ھەم ئىلتىجا بىلەن دۇئا قىلىڭلار؛ دەل بۇ
ئىشتا قەتئىي ھوشيار تۇرۇپ بارلىق مۇقەددەس بەندىلەر ئۈچۈن ھەر
تەرەپلىمە دۇئا-ئىلتىجالار قىلىڭلار؛ [19] مەن ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىڭلاركى،
ــ ئېغىز ئاچقىنىمدا ماڭا سۆزلەر كەلسۇن، خۇش خەۋەرنىڭ سىرىنى
دادىللىق بىلەن ئاشكارە قىلاي. [20] مەن دەل شۇ ئىشقا زەنجىرلەر بىلەن
باغلانغان ئەلچىمەن؛ شۇڭا قىلىشقا تېگىشلىكىم بويىچە، خۇش
خەۋەر يەتكۈزۈشتە دادىللىق بىلەن سۆز قىلىشىمغا دۇئا قىلىڭلار.
[21] ئەمدى مېنىڭ تۇغرامدىكى ئىشلاردىن، مېنىڭ قانداق
ئۆتۈۋاتقانلىقىمدىن خەۋەرلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سۆيۈملۈك قېرىنداش
ھەم رەبدە سادىق خىزمەتكار بولغان تىكىكۇس سىلەرگە ھەممە
ئىشلارنى مەلۇم قىلىدۇ. [22] مېنىڭ ئۇنى دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن
يېنىڭلارغا ئەۋەتىشىم، سىلەرنىڭ ئىشلىرىمىزدىن خەۋەردار
بولۇشىڭلار ۋە ئۇنىڭ كۆڭلۈڭلارغا تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىشى
ئۈچۈندۇر.

---

**16:6 «...بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمان-ئىشەنچنىڭ قالقىنىنى قولغا ئېلىڭلار» ــ** ياكى «...ھەممىدىن مۇھىمى ئىمان-ئىشەنچنىڭ قالقىنىنى قولغا ئېلىڭلار» ياكى «بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە، ئىمان-ئىشەنچنىڭ قالقىنىنى قولغا ئېلىڭلار».

**17:6 «خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى، يەنى روھنىڭ قىلىچىنى ئېلىڭلار» ــ** «روھ» ــ خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھ.

**17:6** يەش. 17:59؛ 1تېس. 8:5؛ ئىبر. 12:4؛ ۋەھ. 16:2.

**18:6 «ھەممە ۋاقىت-پەسىلدە روھتا ھەرخىل دۇئا-تىلاۋەت ھەم ئىلتىجا بىلەن دۇئا قىلىڭلار» ــ** «روھ» ــ خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھ.

**18:6** لۇقا 1:18؛ رىم. 12:12؛ كول. 2:4؛ 1تېس. 17:5.

**19:6** روس. 29:4؛ 2تېس. 1:3.

**20:6** 2كور. 20:5.

**21:6** روس. 4:20؛ كول. 7:4؛ تىت. 12:3.

**22:6** 2تىم. 12:4.

23 قېرىنداشلارغا خاتىرجەملىك، مۇھەببەت ھەم ئىمان-ئېتىقادنى خۇدا ئاتا ۋە رەب ئەيسا مەسىھتىن بولغاي!
24 رەب ئەيسا مەسىھنى ئۆلمەس-چىرىماس سۆيگۈ بىلەن سۆيگۈچىلەرگە مېھىر-شەپقەت يار بولغاي!

# قوشۇمچە سۆز

## 18:1 «خۇدانىڭ چاقىرىقىغا باغلانغان ئۈمىد ۋە مۇقەددەس بەندىلىرىدە بولغان شەرەپلىك مىراسىنىڭ قىممەتلىكلىكى»

روسۇل بۇ ئايەتتە ئەفەسۇستىكى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ: «ئۇنىڭ چاقىرىقىغا باغلىغان ئۈمىدىنىڭ نېمىلىكىنى، مۇقەددەس بەندىلىرىدە بولغان شەرەپلىك مىراسىنىڭ قىممەتلىكلىكىنى» بىلىپ يېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

### ئۇنىڭ چاقىرىقىغا باغلانغان ئۈمىد

خۇدا ھەر قېتىم ئۆز خەلقىنى چاقىرغىنىدا، ھەردائىم ئۇنىڭ چاقىرىقىغا باغلانغان بىر ئۈمىد بولغان بولىدۇ؛ ئىبراھىم، مۇسا، گىدېئون، داۋۇت ۋە كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن چاقىرىقلارنى كۆرۈڭ. مۇشۇ ئايەتتىكى «چاقىرىق» جامائەتكە بولغان چاقىرىقنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە 5:4نىڭ بايانى چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ: «چاقىرىلغىنىڭلاردا، ئوخشاش بىر ئارزۇ-ئۈمىدكە چاقىرىلغانسىلەر».
ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ بايان ھەربىرىمىزدە بولغان چاقىرىقلارغا باغلىغان ئۈمىدلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلماس دەرىجىدە گىرەلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقانداق قېرىندىشىم كەلگۈسىدە ھەرقانداق بەخت-بەرىكەتلەر، ھەرقانداق بايلىقلار ۋە دانالىقىنىڭ ھەرقانداق شاد-خۇراملىقلىرىغا ئېرىشكەن بولسا، شۇلاردىن مېنىڭمۇ ئورتاق نېسىۋەم بولىدۇ ۋە ئۇنىڭمۇ مېنىڭ ئېرىشكەنلىرىمدىن نېسىۋىسى بولىدۇ. مانا بۇلارنى بىر چاقىرىلغانلارنىڭ سانى بىلەن كۆپەيتىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن چىقىدىغان نەتىجىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

## «ئۇنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىدە بولغان شەرەپلىك مىراسىنىڭ قىممەتلىكلىكى»

بەزى قېرىنداشلار بۇ ئىبارىنى تەرجىمە قىلغاندا: «خۇدانىڭ قانداقمۇ مىراسى بولىدۇ؟» ياكى «خۇدا قانداقمۇ ئۆز بەندىلىرىدىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ؟» دەپ بېشىنى قاتۇرۇپ بۇ ئىبارىنى «مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ شەرەپلىك مىراسىنىڭ قىممەتلىكلىكى» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. لېكىن گرېك تىلىدا، بۇ ئىبارىنىڭ ئېنىق مەنىسىدىن ھېچقانداق گۇمان يوقتۇر (11:1-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). بىز ۋەھىيدىكى سۆزلەرگە ئىشىنىشىمىز كېرەك؛ گەرچە بىزنىڭ ئەقلى قابىلىيىتىمىز بۇ ئىبارىلەرنى چۈشىنىشكە ئاجىزلىق قىلغان بولسىمۇ، خۇدانىڭ ئاجىز ئىنسانلاردىن ئۆزى «ئۆزىگە ئايرىلغان... 

ئاجىز ئىشەنگۈچىلىرى بولغان بىزلەردىن كۆتكىنى بارلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بۇ ئىبارىگە يەنە تەپسىلىي قېتىرقىنىپ قارىساق، خۇدانىڭ شۇ كۆتكىنى بولسا «شەرەپ» ھەم «بايلىق»لارغا تولدۇرۇلىدىغان بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كۆتكىنىنىڭ مەلۇم جەھەتتىن ھازىرمۇ بىزلەردە بار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. قانداقلا بولمىسۇن، بىزدە بولغان بايلىقلار بىزگە كۆرۈنۈنگىنىدىن كۆپ ئارتۇقتۇر! بۇ ھەقىقەت جامائەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. خۇدانىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى — ئۇ ئىلىم ئەھلى بولسۇن، ساۋاتسىز بولسۇن؛ باي بولسۇن، نامرات بولسۇن؛ چېقىشقاق بولسۇن، جىمغۇر بولسۇن، — ئۇنى «ئاددىي» ياكى «مەززىسىز» دەپ ھېسابلىماسلىقىمىز كېرەك — چۈنكى ھەتتا ھەربىرىمىزنىڭ كۆڭلىدىكى تۇرمۇشلىرىمىزدىمۇ ئۆز ئوغلىنىڭ شەرەپلىرىنى كۆرسىتىشكە خۇدانىڭ روھىنىڭ سىرلىق ئىشلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خۇدانىڭ بىزدىن كۆتكىنى دەل ئۇنىڭ ئۆزى بىزگە ئىلتىپات قىلىپ ئامانەت قويغىنىدۇر؛ بىزدە خۇدانىڭ شۇ ئىلتىپاتى ئارقىلىق ئوغلىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەۋزەللىكلىرىنىڭ ئايان قىلىنىشى نىمىدېگەن شەرەپلىك ئىش-ھە! — بۇ «ئوغۇلنى كۆرسىتىش» بولسا ئۇنى ئۆزىمىزگە، خۇدائاتىمىزغا، پەرىشتىلەرگە، بىلىدىغىنىمىز ئىنتايىن چەكلىك بولغان ئەرشتىكى باشقا كۈچلەرگە ۋە ئەمىرلەرگە كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى بىلىپ يېتىشىمىز ئۈچۈن ھەربىرىمىزگە خۇدا «دانالىق ھەم ۋەھىينى ئۆزلەشتۈرگۈچى روھ»نى ئاتا قىلغاي!

«دانالىق ھەم ۋەھىينى ئۆزلەشتۈرگۈچى روھ» دېگەن بۇ ئىبارە توغرۇلۇق مۇشۇ يەردە كۆرسىتىمىزكى، ئۇنىڭدا مۇھىم بىر ئاچقۇچ بار. «دانالىق» — ئىشلارنىڭ پەقەت

«نېمە» بولۇش كېرەكلىكىنى ئەمەس، بەلكى «قانداق» ۋە «قاچان» بولۇش كېرەكلىكىنى بىلىش — خۇدادىن ئەيمىنىپ ئۇنىڭ كالامى ئۇستىدە ھەر كۈنى ئويلىنىشنىڭ مېۋىسىدۇر — ئۇ ۋەھيىدىن ئاۋۋال كېلىدۇ. خۇدانىڭ ئاسماندىن ئىنسانلارغا سوۋغاتلارنى تاشلاپ بېرىدىغانلىقى پاكىتتۇر؛ لېكىن سوۋغاتلىرىنىڭ تاشلىنىشىغا يارىشا، ئاۋۋال دانالىق بىلەن تەييارلانغان كۆڭۈللەر بولۇشى كېرەك.

## گۇناھلاردا ئۆلۈش؛ مەسىھ بىلەن بىللە جان كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تىرىلىپ، كۆتۈرۈلۈپ، ئەرشلەردە ئولتۇرغۇزۇلۇش

### «گۇناھلاردا ئۆلگەن» (1:2)

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ئىبارە 1:2دە كۆرۈلىدۇ: — «سىلەر قەبىھلىكلىرىڭلار ھەم گۇناھلىرىڭلاردا ئۆلگەن بولۇپ، ...»

خۇدا ئادەمئاتىمىز ئېرەم باغچىسىدا: «سەن بۇنىڭ (مەنئىي قىلىنغان مېۋە)دىن يېسەڭ، سەن شۇ كۈندە ئۆلىسەن» دېگەنىدى. ئادەمئاتىمىز گۇناھ سادىر قىلغان كۈندە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلمىگەن بولسىمۇ، ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ مۇھىم جەھەتتە، يەنى روھىدا ئۆلدى. دېمەك، ئۇ خۇدانىڭ دوستلۇقى ھەم تونۇشىدىن مەھرۇم قىلىنغان؛ چۈنكى بۇ ئىشلار ئادەمنىڭ روھى ئارقىلىق ئۆزىگە مەلۇم بولىدۇ.

گۇناھنىڭ ئاسارەتلىرىگە ئەسىر بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى: «ئايىغىمىزدىن شامال ئۆتۈپ تۇرىدىغان»، «خېلى جېنىم بار!» دەپ قارىشى مۇمكىن؛ لېكىن ھەقىقىي مۇھىم بولغان ھەربىر خەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئالللىقاچان ئۆلگەندۇر؛ ئۇلار ھاياتنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىدىن مەھرۇمدۇر؛ ھەقىقىي ھايات، يەنى خۇدانىڭ ھاياتى ئۇلارغا نىسبەتەن يات بىر نەرسىدۇر (1:4).

ئىنسانلار مەسىھتە «يېڭى قەلب ۋە يېڭى روھ»نى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلار خۇدانى تونۇشقا قايتىدىن مۇيەسسەر بولالايدۇ.

«مەسىھ بىلەن بىللە جان كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تىرىلىپ، كۆتۈرۈلۈپ، ئەرشلەردە ئولتۇرغۇزۇلۇش» (2:5-6).

ئوقۇرمەنلەر پاۋلۇسنىڭ «رىملىقلارغا» يازغان مەكتۇپىنى ئوقۇغان بولسا ئۇنىڭدىكى 6:6 ۋە 11:6دە بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىبارىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئەسلەيدۇ. مەسىھ ئۆلگەندە، ئۇ بىز ئۈچۈن ئاتىسىدىن ئايرىلىشى بىلەن گۇناھلارنىڭ جازاسىنى كۆتۈرگەن؛ شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۇ گۇناھنىڭ ئۆزىنىڭ تولۇق مەسىلىسىنى، — يەنى ھەربىر ئادەمدە بولىدىغان، ئۆزىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان گۇناھكار تەبىئەتنى بىر تەرەپ قىلغانىدى. مانا بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇ «كونا ئادەم»ىمىزنى ئۆز ئۆلۈمى ئىچىگە ئالغانىدى (ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ سۈپىتىدە ھەربىرىمىزنى ئالدىنئالا بىلگەنلىكىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك؛ «رىم.» 6:6). ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگىنىدە، بىز ئۇنىڭ ئىچىگە ئېلىنغانىمىز؛ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگىنىدە، ئۇنىڭ ئىچىگە ئېلىنغانىمىز؛ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدىمۇ، بىز شۇ يەردە ئۇنىڭ ئىچىگە ئېلىنغانىمىز. خۇدانىڭ روھى قەلبىمىزگە كىرگەندە، بۇ ئىشلار بىزدە رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. گۇناھنىڭ ئۆزى تېخى كونا تېنىمىزدە («ئەتلىرىمىزدە») تۇرغىنى بىلەن، بىز ئەتنىڭ كۈچىگە يەنە ئەسىر-قۇل ئەمەسمىز؛ ئەكسىچە بىز روھقا تەۋە بولغان يېڭى ئادەملەرمىز؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنى توغرا تونۇپ ياشىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

## «ئۆچمەنلىك» ۋە «بەلگىلىمىلەر بولغان... ئارا تام»نىڭ چېقىۋېتىلىشى» (2:15-16)

ئىناقلىقنى سۆيىدىغان خۇدانىڭ بەرگەن ئەمرلىرىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدىغانلىقى بىزگە غەلىتە ئىش تۇيۇلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىش مۇنداق بولدى.

خۇدا ئۆزى چاقىرغان خەلقى بولغان يەھۇدىيلارغا ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقى ئىپادىلەنگەن ئەمرلەرنى بەرگەنىدى. بارلىق ۋىجدانلىق ئادەملەر بۇنداق ئەمرلەر (مەسىلەن: «ساختا گۇۋاھلىق بەرمە»، «يېقىنىڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن»)گە خۇرسەنلىك بىلەن قارىشى كېرەك ئىدى؛ بىراق خۇدا يەنە ئۆز خەلقى ئىسرائىلغا بەزى باشقا «بەلگىلىمىلەر» دەپ ئاتالغان ئەمرلەرنى بەرگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر ھېچقانداق

ئەخلاقىي مەقسەتتە بېرىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن؛ بەزىلىرى ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە باغلىق، بەزىلىرى «بېشارەت» سۈپىتىدە بېرىلگەن (مەسىلەن، ئىبادەتخانىدىكى ھەرخىل قۇربانلىقلار توغرۇلۇق بەلگىلىمىلەر)؛ بەزىلىرى بەلكىم مەسىھ كەلگۈچە ئۆز خەلقىنى ئەتراپىدىكى ئەللەرنىڭ بۇلغىغۇچى تەسىرلىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىر «قاشا»نى قۇرۇش مەقسىتى بىلەن بېرىلگەنىدى؛ بەزى ئەمرلەرنىڭ بۇ ئۈچ تەرىپىمۇ بار. مەسىھنىڭ كېلىشى بىلەن بۇ «قاشا» كېرەكسىز بولغانىدى؛ ئەگەر ئىسرائىل مەسىھ تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار يەنە تائىپە قوشنىلىرىنىڭ بۇلغىغۇچى تەسىرلىرىگە بېقىنىپ كېتىشى مۇمكىن بولمايتتى؛ ئەكسىچە، ئۇلار تولۇپ تاشقان پاك-مۇقەددەس مۇھەببەت بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن بولاتتى. شۇنچە پاسكىنىلىق ئارىسىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلاردا پاك-مۇقەددەس تۇرىۋېرىدىغان بىرخىل پاك-مۇقەددەسلىك بار بولاتتى؛ ھەرقانداق ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت ئارىسىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلاردا مېھرىبانلىق تۇرىۋېرىدىغان بىرخىل ئۆزگۈرمەس مۇھەببەت بار بولاتتى (شۇڭا ھازىر بارلىق ئېتىقادچىلارغا، ئۇ يەھۇدىي بولسۇن ياكى يەھۇدىي بولمىسۇن، ھېچقانداق «قاشا» كېرەك ئەمەس).

«قاشا» توغرۇلۇق سۆزىمىزگە قايتىپ كەلسەك، بۇ بەلگىلىمىلەر سۈننەت قىلىش، شابات كۈنى قىلىش، بەزى يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك، ئالاھىدە كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىش توغرۇلۇق ئەمرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىھ ئۆز ئۆلۈمىدە بۇلارنى بىكار قىلىۋەتكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھازىر ھېچقانداق كېرىكى قالمىغانىدى. مەسىلە دەل شۇكى، بەلگىلىمىلەر كېرەكسىز قىلىنغىنى بىلەن كۆپ ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى قولدىن بەرگۈسى يوق ئىدى؛ چۈنكى ئۇلار مەسىھنى قوبۇل قىلىشقا رازى ئەمەس ئىدى. بەلگىلىمىلەرنىڭ ئۆزى دەھشەتلىك ئۆچمەنلىك مەنبەسى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ بىرمۇنچە سەۋەبلىرى بار ئىدى: —

(ئا) خۇدانىڭ خەلقى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، كىچىك پېئىللىق بولۇشىنىڭ ئورنىغا بەزىلىرى: «بىز ئالاھىدە ئادەممىز، باشقىلاردىن ئەلا بولغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن بەلگىلىمىلەر بىزگىلا چۈشۈرۈلگەن» دەپ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەنىدى.

(ئە) بۇ ئىش يەھۇدىي ئەمەس ئەللەردە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان؛ چۈنكى ئەڭ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشلىرى يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

(ب) يەھۇدىي جەمئىيىتىدىكى بەزى دىندارلار ھەددىدىن ئېشىپ «قاشا» ئەتراپىدا يەنە بىر «قاشا» قۇرۇشقا، يەنى خۇدانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە يەنە ئۆزلىرىنىڭ كۆپ بەلگىلىمىلىرىنى قوشۇشقا ئىنتىلەتتى؛ ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار بۇ جەرياندا خۇدانىڭ بەلگىلىمىلىرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئەخلاقىي ئەمرلىرىنى نەزىرىگە ئالماي قويغانىدى. ئىنسانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، «سىرتتىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمر-بەلگىلىمىلەر»نى تۇتۇش ھەردائىم پاك دىللىقتا ئىنتىلىشتىن كۆپ ئاسانغا چۈشىدۇ. بۇ دىندارلار بولسا «قاشا»دىن تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ كەتكەن؛ ئۇلارغا نىسبەتەن، ئۇنى تاشلاشقا رايى قەتئىي بارمايتتى. «قاشا» بىر تامغا ئايلىنىپ، روسۇل پاۋلۇس دېگەندەك «ئوتتۇرىدىكى ئارا تام» بولغان.

(پ) ھەممىدىن ئېچىنىشلىق بولغىنى، «يات ئەللەر» يەھۇدىيلارنىڭ خۇداسىنىمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش دەپ قارىغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرى ئويلىغان ئوبراز بويىچە خۇداغا ئۆچ بولۇپ قالغان.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھېچقايسىسى خۇدانىڭ نىيىتى ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەسىھ ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق يوققا چىقارغان؛ ئۇ ئىنسانلاردىكى گۇناھنىڭ يىلتىزىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن «يېڭى قەلب»نى قوبۇل قىلىپ خۇدانىڭ مۇھەببىتىدە، خۇدانىڭ ئىنسانلارغا باغلىغان مۇھەببىتىدە ياشاشتىن باشقا قىلىدىغان ئىش قالمىغان. «بەلگىلىمىلەر»مۇ كارغا كەلمەي، كېرەكسىز بولۇپ قالغان.

## «روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر بولغان ئۇل»، «بۇرجەك تېشى» (21-20:2)

پاۋلۇس جامائەتنى «روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر بولغان ئۇل»نىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، دەيدۇ. «روسۇل» دېگەن سۆز (گرېك تىلىدا «ئاپوستولوس») «ئەۋەتىلگەن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ روسۇللار خۇدا تەرىپىدىن «ئەۋەتىلگەن ئادەملەر»، «ئۇللۇق ئادەملەر»دۇر. ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى، ۋەزىپىلىرى ھەم خاراكتېرى ئىنجىل «2كور.»دە بىرگە تەپسىلىي كۆرسىتىلىدۇ. ئىنجىلدا جەمئىي بولۇپ ئون ئىككى ئەمەس، بەلكى يىگىرمە تۆت ئادەم «روسۇل» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىنجىل دەۋرىدە مۇشۇلاردىن باشقا روسۇللار بارمۇ، يوقمۇ، ئېنىق خەۋىرىمىز يوق.

ئۇ ئېيتقان «پەيغەمبەرلەر» قايسى ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ دەپ سورىساق، بۇ خەتتە 5:3دە ئۇ يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دەۋرىدىكى «روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر»نى ۋە ئۇلارنىڭ جامائەت توغرۇلۇق ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش ۋەھىيلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ھالبۇكى، مۇمكىنچىلىكى باركى (ۋە ئۆزىمىز شۇنداق قارايمىزكى) ئۇنىڭ «پەيغەمبەرلەر» دېگىنى ھەم تەۋرات دەۋرىدىكى ھەم ئىنجىل دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر بىزگە تەۋراتتىكى ۋەھىيلەرنى يەتكۈزگەن، روسۇللار ۋە ئىنجىلدىكى پەيغەمبەرلەر بىزگە ئىنجىلدىكى ۋەھىيلەرنى يەتكۈزگەن؛ جامائەت بولسا خۇدانىڭ بۇ ھەممە ۋەھىيلىرىنىڭ ئۇلى ئۈستىگە سېلىنغان.

بىز دائىم «جامائەت مەسىھنىڭ ئۇلى ئۈستىگە سېلىنغان» دەيمىز. بىراق شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھەر دەۋردە جامائەت شۇ دەۋردىكى بىرنەچچە ئادەملەر ئۈستىگە سېلىنىپ كەلگەندۇر؛ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە «روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر» بارمۇ؟ ئالدامچىلىقتا پاتقان ھازىرقى بۇ دەۋرىمىزدە بۇ توغرۇلۇق بىرنەچچە ئاددىي ئېغىز گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: —

(ئا) جامائەت ئالدى بىلەن بىرىنچى ئەسىردىكى روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر ئېيىكەلگەن ۋەھىيلەر ئۈستىگە سېلىنىدۇ. تۆۋەندىكى «بۇرجەك تاش» بولغان مەسىھ توغرىسىدىكى سۆزلىرىمىزنى كۆرۈڭ. جامائەت بۇ ۋەھىيلەر (ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن) نى قولىغا ئېلىپ، كېيىن كەلگەن «روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر»نىڭ ھەقىقىي ياكى ساختا ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدۇ.

(ئە) «روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر» جامائەتنىڭ «تۆپىسىدە» ئەمەس، بەلكى «تېگىدە» بولىدۇ. بۇ ئاددىي ھەقىقەت كۆزدە تۇتۇلغان بولسا جامائەتنى «روسۇللۇق» ياكى «پەيغەمبەرلىك» ھوقۇقىدا بولۇۋالغان، كۆپچىلىكنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرۈپ «خوجايىن بولۇش»قا نەپسى تاقىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالدامچىلاردىن ساقلايتتى. ھەقىقىي روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر بولسا ھەردائىم باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئىنتىلىدۇ؛ ئۇلار مەنسەپ، ھوقۇق، پۇل ياكى شەخسىي مەنپەئەتكە قىزىقمايدۇ. ئىنجىلدىكى روسۇللار كەمتەر (روسۇل يۇھاننانىڭ سۆزلىرى بويىچە) «قېرىنداشلار ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار» بولغانلاردىندۇر («1يۇھ.» 16:3). ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى بىردىنبىر ئىش، ئادەملەرنىڭ خۇدانىڭ «يېڭى ئەھدە»سىنى چۈشىنىپ يېتىش، مەسىھنى تونۇپ خۇدائاتىغا تايىنىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پەرق ئېتىشتىن ئىبارەتتۇر («يەر.»

31:31-34، «ئىبر.» 8:8-12). ئىمان يولىدا دەسلەپتىكى باسقۇچلاردا ئادەملەر روسۇل-پەيغەمبەرلەرگە، شۇداقلا تەلىم بەرگۈچىلەرگە ھەم «خۇدانىڭ خەلقىنى باققۇچىلار»غا كۆپ تايانغان بولسىمۇ، خۇدانىڭ ھەقىقىي خىزمەتكارلىرىنى ئۆزگەرمەس مەقسىتى شۇكى - ئادەملەر خۇدانىلا تايانچ قىلسۇن! ئۇلار ئادەملەرنى خۇدانىڭ ۋەھىي-يوليورۇقلىرىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە تايىنىدىغان قىلىشقا ئىنتىلىدىغانلاردىن ئەمەس: «بىز ھەرگىز ئۆزىمىزنى ئىمان-ئېتىقادىڭلار ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرگۈچىلەرمىز دېمەكچى ئەمەسمەن، بەلكى سىلەرنىڭ شاد-خۇراملىقىڭلارنى ئاشۇرۇشقا سىلەرگە ھەمكارلاشقۇچىلارمىز؛ چۈنكى سىلەر ئېتىقاد ئارقىلىقلا مەزمۇت تۇرىسىلەر» (2كور.» 1:24). روسۇللار ياكى پەيغەمبەرلەر جەزمەن ھەربىر جامائەتنىڭ ئۆزلىرىنى «روسۇل» ياكى «پەيغەمبەر» دەپ ئېتىراپ قىلىشىغا ياكى ئورۇن بېرىشىگە قىزىققان ئەمەس. ئىسىم ئەمەس، بەلكى جىسىم مۇھىمدۇر؛ ھەقىقىي جىسمى بار بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئىسپاتلاشنىڭ ھاجىتى يوق؛ بەربىر ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ھەممىگە ئايان بولىدۇ.

(ب) ھەممىدىن مۇھىمى، ئەگەر بۈگۈنكى كۈنلەردە روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر بار بولسا، ئەمدى ئۇلارنىڭ بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى مىلادىيە بىرىنچى ئەسىردىكى روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ (بىز ئۈچۈن ئىنجىلدا خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن خاتىرىلەنگەن) سۆز-ھەرىكەتلىرىگە تولۇق ماسلىشىشى كېرەك. خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ «ئۇل ھەقىقەتلىرى» بولغان ئاخىرقى ۋەھىيلىرى بىرىنچى ئەسىردىكى جامائەتتە بولغان شۇ روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەرگە تاپشۇرۇلغان، ۋە ئۇنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇلارنى ئىنجىلدا خاتىرىلەتكۈزگەندۇر. شۇڭا بۇ زاماندا ھېچقانداق «يېڭى ۋەھىيلەر» كەلمەيدۇ؛ بىراق ھەربىر دەۋردىكى جامائەتلەر خۇدانىڭ سىرلىرى، نەسىھەتلىرى ۋە ئىرادىسىنى ئىگىلەپ، خۇدانىڭ تولۇق شان-شەرىپىدە مېڭىش ئۈچۈن، ئىنجىلدىكى ۋەھىيلەرنى ئۆزلىرىنىڭكى قىلغان روسۇللۇق ۋە پەيغەمبەر سۈپەتلىك ئادەملەرگە ئېھتىياجلىقتۇر. ھەربىر دەۋردە بىز شۇنداق ئۆزلىرىنى پىدا قىلغۇچى «ئۇللۇق» ئادەملەرگە ئېھتىياجلىقمىز؛ ئۇلار كەم بولسا جامائەت قۇرۇلمايدۇ، بۇ خەتتە ئايان قىلىنغاندەك خۇدانىڭ ئۇلۇغ چاقىرىقى ئېلىپ كەلگەن ئالىي ئىستەكلەر ھەربىر ئىشەنگۈچىگە سىڭدۈرۈلمەيدۇ؛ شۇڭا ھەربىرىمىزنىڭ شۇنداق ئادەملەر بىزگە ئەۋەتىلسۇن دەپ دۇئا قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بىز خۇدانىڭ بىزنى جامائەتنىڭ «ئۆز جېنىنى قىرىنداشلارغا پىدا قىلىشقا

تەييار» بولغانلاردىن تەركىب تاپقان ئۇلنىڭ ئىچىگە سېلىنىشىغا تەييار بولۇشىمىز كېرەك. خۇدادىن مەلۇم بىرخىل ئادەملەرنىڭ بىزگە ئەۋەتىلىپ تەقدىم قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلساق، ئۆزىمىزمۇ دەل شۇ ئادەملەردىن بولۇش ئېهتىماللىقىغا تەييار بولمىساق بولمايدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن، «خۇدا بۇ دۇنيادىكى ئاجىزلار ئارقىلىق كۈچلۈكلەرنى يوق قىلىشنى، ... ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى كۆرستىشنى لايىق كۆردى» («1كور.» 27:1). بۇ بىزنى ئەڭ مۇھىم نۇقتىغا ئېلىپ بارىدۇ: —

## «بۇرجەك تېشى»

جامائەتنىڭ «بۇرجەك تېشى» بولسا مەسىھتۇر. ھەرقانداق بىۋىك بىنادا «بۇرجەك تېشى» ئەڭ مۇھىم تاش بولۇپ، بىنانىڭ ئۇلىغا بىرىنچى سېلىنىدىغان تاشتۇر. «بۇرجەك تېشى» سېلىنغاندا بىنانىڭ تۇرىدىغان جايىنى ۋە يۆلىنىشىنى توغرا بېكىتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلغا ئاندىن بىنانىڭ ئۆزىگە سېلىنغان بارلىق تاشلار بۇرجەك تېشى بىلەن تويتوغرا توغرىلىنىشى كېرەك؛ مەلۇم تاش ئۇنىڭ بىلەن توغرىلانمىسا، ئۇنداقتا ئۇ لاياقەتلىك بولمايدۇ؛ ئۇنداق بولغاندا، توغرىلانمىغان تاش ئېلىۋېتىلىپ قايتىدىن قويۇلۇشى كېرەك بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ بىزنىڭ جامائەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە قانداق باغلىنىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولۇشى كېرەك. جامائەتكە قانداق ۋە قەيەردە سېلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال مەسىھ بىلەن قانداق «توغرىلانغانلىقىمىز»نى ئېنىقلىشىمىز كېرەك. بىرىنچى ئەسىردىكى روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتلىرى بۇرجەك تېشىنىڭ ئۆزى بىلەن توغرىلانغان بولغاچقا «ئۇلluق ئادەملەر» بولۇشقا لاياقەتلىك ئىدى. بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى «روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر»مۇ شۇ ئوخشاش ئۆلچەم بىلەن سىنىلىپ تونۇلىدۇ.

## 13:3 توغرۇلۇق

«شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن تارتقان جاپا-جەبىرلىرىم تۈپەيلىدىن پەرىشان بولماڭلار؛ چۈنكى بۇ ئىش سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلار بولىدۇ»

بۇنىڭ تۆت خىل مەنىسى بولۇشى مۇمكىن: —

(1) پاۋلۇس تۈرمىدە يېتىپ جاپا-جەبىر تارتماقتا ئىدى (ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ خۇدانىڭ يولىدا كۆپ جاپا-جەبىر تارتىپ كەلگەنىدى). پاۋلۇسقا باغلىغان مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن شۈبھىسىزكى، ئەفەسۇستىكى قېرىنداشلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ «يات ئەللەر»گە كۆيرەك پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، پاۋلۇسنى تۈرمىگە ياتقۇزۇپ كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقۇزۇشى يات ئەلدىكى بۇ ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن شۇنچە قىممەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن «بۇ ئىش (مېنىڭ تۈرمىدە ياتقانلىقىم) سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلار بولىدۇ» دېگىلى بولىدۇ.

(2) پاۋلۇس ئۇلارغا كۆيرەك پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن تۈرمىدە يېتىۋاتاتتى. بەزى ئىشەنگۈچىلەر: «ئەي ئۇلۇغ روسۇل پاۋلۇس تۈرمىدە ياتقان يەردە، بۇ رەھىمسىز رىم ھۆكۈمىتى مېنى قانداق بىر تەرەپ قىلار!» دەپ كۆڭلى سۇ بولۇپ خۇدانىڭ يولىدىن يېنىپ كەتمەكتە ئىدى. لېكىن ئۇلار قورقۇپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، چۈنكى پاۋلۇسنىڭ تۈرمىدە يېتىشى تاسادىپىيلىق ئىش ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن «بۇ ئىش (مېنىڭ تۈرمىدە ياتقانلىقىم) سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلار بولىدۇ».

(3) پاۋلۇس تۈرمىدە ياتقىنى تۈپەيلىدىن بەزى ئىشەنگۈچىلەر قورقۇپ كېتىپ خۇدانىڭ يولىدىن يانغان بولسىمۇ، ئەفەسۇستىكى ئىشەنگۈچىلەر قورقماي، خۇدانىڭ يولىدىن يانمىغان بولسا، ئۇنداقتا «بۇ ئىش (قورقماسلىقىڭلار، خۇدانىڭ يولىدىن يانماسلىقىڭلار) سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلار بولىدۇ».

(4) ئەفەسۇستىكى ئىشەنگۈچىلەر پاۋلۇسنىڭ تۈرمىدە يېتىپ جاپا تارتقانلىقى دەل خۇدانىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان پىلانى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالسا، ئەلۋەتتە ئۇلار كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ مەيۈسلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەكسىچە ئۇلار جۈرئەتلىك بىلەن: «سۆيۈملۈك پاۋلۇسىمىزنىڭ تۈرمىدە يېتىشى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر» دېگەندە چىڭ تۇرۇۋەرسە، خۇدانى ئۇلۇغلىغان بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن يەنە «بۇ ئىش (كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماسلىقىڭلار) سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلار بولىدۇ».

بىزنىڭچە بىرىنچى ھەم ئىككىنچى چۈشەنچىلەر 3-بابنىڭ ئالدىنقى ئايەتلىرىدىكى ئىبارىلەرگە ئەڭ ئۇيغۇن بولغاچقا، ئىككىسى ئوخشاشلا توغرىدۇر (مەسىلەن، «سىلەر

«يات ئەلدىكلەر» ئۇچۇن...»، «سىلەرگە خۇدانىڭ شەپقىتىنى ئىلىپ بارىدىغان غوجىدارلىقىم...» دېگەندەك شەكىلدىكى مەزمۇنلارنى كۆرۈڭ (3:1، 2، 8)نى كۆرۈڭ).

## يەتتە بىرلىك (4:4-7)

ئەسىردىن-ئەسىرگە ئىشەنگۈچىلەر بۇ «يەتتە بىرلىك» (بىر تەن، بىر روھ، بىر ئۈمىد، بىر رەب، بىر ئېتىقاد، بىر چۆمۈلدۈرۈلۈش، بىر خۇدائاتا»)نىڭ بۇ خەتتىنىڭ مېغىزى ئىكەنلىكىگە، خەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئەڭ چوڭقۇر ھەقىقەتلەرنىڭ بۇ «يەتتە بىرلىك» ئىچىگە مۇجەسسەملەشكەنلىكىگە ئىشىنىپ كەلدى.

بىز مۇشۇ يەردە بۇ ئايەتلەرگە شەرھ قىلماقچى ئەمەسمىز، پەقەت ئۇلاردىكى ئاددىي بىر ئاچقۇچلۇق ھەقىقەتنى كۆرسەتمەكچىمىز — بىرلىكلەرنىڭ مەركىزى بولسا «بىر رەب»، دېمەك مەسىھ، — ئۇ بولسا بىرلىكلەرنىڭ ئاچقۇچىدۇر، دەپ ئىشىنىمىز: —

(i) بىر تەن — مەسىھنىڭ تېنى

(ii) بىر روھ — مەسىھنىڭ روھى

(iii) بىر ئۈمىد — مەسىھنىڭ ئۈمىدى («ئىبر.» 2:12، «يەش.» 11:53)

(iv) بىر رەب — مەسىھ

(v) بىر ئېتىقاد — مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشەنچ-ئېتىقادى («گال.» 20:2 ۋە ئىزاھاتىنى، شۇنداقلا «گالاتىيالىقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ)

(vi) بىر چۆمۈلدۈرۈلۈش — مەسىھنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشى («مار.» 10:38-39، «لۇقا» 12:49-50).

(vii) بىر خۇدائاتا — مەسىھنىڭ خۇداسى ھەم ئاتىسى

مۇشۇ يەردە بىز «بىر ئېتىقاد» ۋە «بىر چۆمۈلدۈرۈلۈش» ئۈستىدە توختىلىمىز.

## «ئىمان-ئېتىقاد بىردۇر» (گرېك تىلىدا «بىر ئېتىقاد باردۇر»)

ئېتىقاد شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئادەمنىڭ زېھنى نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە؛ بىراق ئېتىقاد بولسا بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئەمەس؛ ئېتىقاد بولسا ئادەمنىڭ ھەممىگە قادىرنىڭ ھەربىر ئەمرىگە، يولىيورۇقى ۋە ۋەدىسىگە قۇچاق ئېچىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى تاپشۇرۇپ بويسۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «بىر ئېتىقاد» بولسا ھەممە ئىشەنگۈچىلەر قوبۇل قىلىدىغان ئەقىدىلەر ئۆزىنىدىسى ئەمەس (گەرچە مۇشۇنداق بىر ئۆزىنىدە قولايلىق بولسىمۇ)، بەلكى «مەسىھنىڭ ئېتىقادى» ياكى «ئىشەنچ-سادىقلىقى»نى كۆرسىتىدۇ. پاۋلۇس بۇنى خەتتە 12:3دە تىلغا ئالىدۇ: «ئۇنىڭ ئىشەنچ-سادىقلىقى ئارقىلىق بىز جاسارەتكە ھەم خۇدانىڭ ئالدىغا خاتىرجەملىك بىلەن كىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدۇق». مەسىھنىڭ ئىشەنچ-سادىقلىقى ئارقىلىق، يەنى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بارلىق سۆز-كالامىغا مۇتلەق بويسۇنۇپ بېقىنىشى ئارقىلىق بىز قۇتقۇزۇلدۇق؛ ۋە يەنە بۇ ئېتىقادىدا، — ئۇنىڭ ئېتىقادىدا، يەنى ئۇنىڭ «ئىشەنچ-سادىقلىقى»دا ھەممىمىز بىرلىككە كەلتۈرۈلىمىز.

## «بىر چۆمۈلدۈرۈلۈش»

روسۇل پاۋلۇس بۇ يەردە تىلغا ئالغان «چۆمۈلدۈرۈلۈش» سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش ئەمەس، ياكى سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەن ئىشەنگۈچىلەرگە ۋەدە قىلىنغان «مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرۈلۈش»مۇ ئەمەس؛ ئۇ چوقۇم ئەيسا مەسىھ ئۆزىمىنىڭكى دەپ ئاتىغان ئۇلۇغ چۆمۈلدۈرۈلۈشتۇر؛ مەسىلەن، «لۇقا» 12:49-50 —

«مەن يەر يۈزىگە ئوت تاشلاپ تۇتاشتۇرۇشقا كەلدىم ۋە بۇ ئوتنىڭ تۇتىشىشىغا نەقەدەر تەقەززامەن! لېكىن مەن ئالدى بىلەن بىر چۆمۈلدۈرۈش بىلەن چۆمۈلدۈرۈلۈشۈم كېرەك ۋە بۇ چۆمۈلدۈرۈلۈشۈم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغۇچە ئىنتايىن قىينىلىمەن!».

شۈبھىسىزكى، بۇ «چۆمۈلدۈرۈلۈش» ئۇنىڭ كرېستكە مىخلىنىپ جاپا تارتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جاپا «ئادا قىلىنمىغان» بولسا، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى مۇمكىن

ئەمەس ئىدى، ھەمدە ئۇ تىلغا ئالغان ئۇلۇغ ئوت — مۇقەددەس روھنىڭ ئۇلۇغ ئوتى — مۇھەببەتنىڭ، مۇقەددەسلىكنىڭ خۇداغا كۆيۈپ-پىشقان ئوتى يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە كېلەلمەيتتى. ئۇ مۇشۇ ئوتنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا يېقىلىشىغا تولىمۇ ئىنتىزار بولغان ئىدى.

ئۇ زادى نېمىگە چۆمۈلدۈرۈلدى دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ۋە شەرمەندىچىلىكىمىزنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇ بارلىق گۇناھ، شەرمەندىچىلىك ۋە ئۆلۈملەرگە چۆمۈلدۈرۈلگەنىدى؛ ئۇ بىزنىڭ بارلىق ئۆلۈملىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ «ئۆلۈملىرى» دېگەن سىرلىق سۆز تىلغا ئېلىنغان «يەش.» 9:53نى كۆرۈڭ. «2كور.» 21:5نى كۆرۈڭ: «گۇناھقا ھېچ تونۇش بولمىغان كىشىنى خۇدا بىزنى دەپ گۇناھنىڭ ئۆزى قىلدى؛ مەقسىتى شۇكى، بىزنىڭ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى بولۇشىمىز ئۈچۈندۇر». بىزنىڭ گۇناھىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئاتىسىدىن ئايرىلىشتىن — يەنى دوزاخقا كىرىشىنىڭ ئۆزى ئىدى. كرېستكە مىخلانغاندا ئۇ بارلىق دوزاخلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ نېمىدېگەن ئازابلىق، نېمىدېگەن ئاجايىب بىر چۆمۈلدۈرۈلۈش-ھە! نېمىدېگەن زور غەلىبە بۇ-ھە! بۇ بىز ئۈچۈن ئاجايىب بەخت-سائادەتتۇر!

ئەمدى سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەندە نېمە قىلىمىز؟ بۇ پاۋلۇس «رىم.» 6:3دە دېگىنىدەك «مەسىھ ئەيساغا كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلگەن بولساق، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىچىگە چۆمۈلدۈرۈلگەن» بولىمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ چۆمۈلدۈرۈلۈشتە، بەدىنىمىزنىڭ تولۇق سۇغا غەرق قىلىنىشىغا رازىمىز؛ بىراق بۇ ئىشنىڭ تېگىدە خۇدا ئۆز روھى ئارقىلىق «ماڭا مەسىھنىڭ ئۆلۈمىدىن، ئۇنىڭ ئۇلۇغ چۆمۈلدۈرۈلۈشىدىن نېسىۋە بەرگەيسەن» دېگەن جىددىي ئىلتىجايىمىز بار ئەمەسمۇ؟ («1پېت.» 3:18-22) — تىلىكىمىز، خۇدانىڭ روھىمىزنى مەسىھنىڭ ئۆلۈمىگە ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە چۆمدۈرۈپ بېرىش، بىزنى پۈتۈنلەي يېڭى ئادەم قىلىپ يارىتىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا ھەممىمىزگە كېرەك بولغان ئۇلۇغ چۆمۈلدۈرۈلۈش — مۇقەددەس كىتابتىكى باشقا يەرلەردە ئۇ «روھقا چۆمۈلدۈرۈلۈش»، «مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرۈلۈش» دەپ ئاتىلىدۇ؛ بۇ ئىش مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

«بىر چۆمۈلدۈرۈلۈش» بار — ئۇ بولسىمۇ مەسىھنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشىدۇر.

ئىنجىل 11-قىسىم

# «فىلىپپىلىقلارغا»

## (روسۇل پاۋلۇس فىلىپپى شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان سالام مەكتۇپ)

### كىرىش سۆز

روسۇل پاۋلۇسنىڭ بۇ خېتى رىمدىكى زىنداندا يازغان بەش پارچە خېتىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ شۇ يەردە يېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۇ يەتكۈزگەن خۇش خەۋەر ئۈستىدىن يەھۇدىيلار تەرىپىدىن كۆتۈرۈلگەن شىكايەتلەر تۈپەيلىدىن ئىدى؛ ئۇ تېخى سوت قىلىنمىغان، چۈنكى رىمدىكى ئەمەلدارلاردىن ھېچكىم بۇ شىكايەتلەرنى ئېنىقراق چۈشىنەلمەيتتى. بۇ تولىمۇ ئادالەتسىز، ئەلۋەتتە؛ ئەرزلەر ئېنىق بولمىسا، كىم بىرسىنى سەۋەبسىز زىندانغا تاشلىيالىسۇن؟ («روس.» 25:23-27نى، بولۇپمۇ 27نى كۆرۈڭ).

فىلىپپى شەھىرىدىكى جامائەت پاۋلۇسنىڭ تۈرمىدە ياتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرى تولىمۇ ھاجەتمەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي ياردەم ئەۋەتكەن. بۇ قىسقا خەتنىڭ ئاددىي بىر مەقستى بولسا، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

فىلىپپىدىكى جامائەت پاۋلۇسنىڭ شۇ يەردە خۇش خەۋەرنى جاكارلىشى بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. شۇ شەھەردە جىن چاپلاشقان، پالچىلىق قىلىدىغان دېدەك قىز بار ئىدى. ئۇ خوجايىنلىرى ئۈچۈن پالچىلىق يولىدا كۆپ پۇل تېپىپ بېرىۋاتقانىدى. روسۇللاردىن پاۋلۇس ۋە سىلاس ئۇنىڭغا يولۇقۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ جىننى قوغلىۋەتتى. قىز ئازاد بولدى! لېكىن خوجايىنلىرى «ئالتۇن قوزۇق»تىن مەھرۇم بولۇپ پەيلىنى بۇزۇپ شەھەر

ئەمەلدارلىرىنى پاۋلۇس ۋە سىلاسقا قارشى قۇتراتتى. ئۇلار قولغا ئېلىنىپ، دەررىلەندى ئاندىن زىندانغا تاشلىنىپ كىشەنلەندى. خۇدا مۆجىزىنى يارىتىپ زور بىر يەر تەۋرەش بىلەن ئۇلارنى زىنداندىن قۇتقۇزدى («روس.» 16:16-40). شۈبھىسىزكى، بۇ مۆجىزە تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىشىلەر، جۈملىدىن گۇندىپاي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر خۇدانىڭ يولىغا كىردى.

ھازىر پاۋلۇسنىڭ فىلىپپىدىن ئايرىلغىنىغا ئون يىلدىن ئارتۇق بولغانىدى. خەتتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، فىلىپپىدىكى جامائەت سادىقلىق بىلەن رەبگە ئەگىشىپ خۇش خەۋەرنى پۈتۈن ئەتراپىدىكىلەرگە يەتكۈزۈشۈپ كەلگەن (15:2-16). ئۇلار روسۇل پاۋلۇس ئۆزلىرىنى سۆيگەندەك ئۇنىمۇ ئىنتايىن سۆيگەن بولۇپ، ۋە گەرچە ئۆزلىرى نامرات بولغان بولسىمۇ، خۇش خەۋەرنىڭ ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا قايتا-قايتا ئىقتىسادىي ياردەم ئەۋەتىپ كەلگەنىدى (15:4-16، «رىم.» 26:15، «2كور.» 1:8-5، 9:11). ئەمدى ھازىر فىلىپپىدىكىلەر سۆيۈملۈك روسۇلىنى رىمدىكى زىنداندا ياتقان دەپ ئاڭلاپ (زىنداندىكى تاماقنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ۋە سۈپىتى بۇگۈنكى دەۋردىمۇ ھېچ ئۆزگەرمىدى بولغاي) ئۇنىڭغا يەنە ياردەم ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. بىراق سەپەر ئۇزۇن ۋە خەتەرلىك — قۇرۇقلۇقتىن ماڭسا 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق، دېڭىز بىلەن ماڭسا ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار ئېپافرودىت ئىسىملىك سادىق بىر قېرىندىشىنى ئەلچى قىلىپ تاللاپ ئۇنىڭغا پۇل-بايلىقلارنى تاپشۇردى. يولنىڭ نامەلۇم قىسمىدىن ئۆتكەندە ئۇ كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى بىلەن ھېچ كارى بولماي، قىممەتلىك سوۋغىنىڭ نىشانغا يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالغا مېڭىۋەردى. رىم شەھىرىگە يەتكەندە ئۇنىڭ جېنى ئاران قالغانىدى، ئەمما ئۇ خۇشاللىق بىلەن سوۋغاتنى روسۇلغا تاپشۇرۇپ بەردى. روسۇلنىڭ ئىنكاسىنى، ئېپافرودىتنىڭ غېمىنى قانداق يېگەنلىكى، ئۇنىڭ ساقايتىلىشى ئۈچۈن قانچىلىك تىلاۋەت قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. ئاخىرى ئېپافرودىت ئەسلىگە كېلىپ پاۋلۇسنى قايتىدىن شادلىققا چۆمدۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى. شۈبھىسىزكى، ئېپافرودىت پاۋلۇسقا ياخشى ھەمراھ ئىدى، پاۋلۇس ئۇنى يېنىدا ئۇزۇن تۇرغۇزماقچى بولغانىدى؛ ئەمما ئېپافرودىتنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەر فىلىپپى شەھىرىگە يەتكەن بولۇپ، جامائەتنىڭ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، پاۋلۇس ئۇنى تېزرەك يولغا سېلىش قارارىغا كەلدى. يولغا سالغاندا ئۇنىڭغا قولىمىزدا ھازىر تۇرغان، جامائەتكە يازغان بۇ خەتنى بەردى.

مۇشۇنداق بىر خەت ئاددىي بىر «رەھمەت ئېيتىش»تىن كۆپ ئارتۇق، ئەلۋەتتە. پاۋلۇسنىڭ سوۋغىتىدىن بولغان شادلىقى ئاچلىقتىن تويۇقسىز قۇتقۇزۇلغان كىشىنىڭ ياكى پۇل تۇتقۇزۇلغان نامرات كىشىنىڭ شادلىقى ئەمەس. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە باغلىغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن بولغان شادلىق ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قاتتىق نامرات ئەھۋالدا بۇنى بەرگەنلىكىدىن تېخىمۇ شۇنداق؛ بۇ سوۋغىنىڭ ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ يولىدا داۋاملىق ئالغا باسقانلىقىغا ئىسپات بەرگەنلىكىدىن شادلىقىمۇ بار؛ ئەيسا مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە خۇدا ئۇلارنىڭ بۇ كۆيۈمچانلىقىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرىدىغانلىقىدىنمۇ پاۋلۇسنىڭ يەنە شادلىقى بار. چۈنكى خۇدانىڭ ھەرقانداق ئادىمىدەك، روسۇلنىڭ جىددىي كۆڭۈل قويغىنى بولسا ئۆزىنىڭ ئەھۋال-ھاجىتى ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئېتىقادتا يېقىۋاتقان ئامراق «خۇدانىڭ قويلىرى»نىڭ ئەھۋالىدۇر.

شۇڭا 7:1دە پاۋلۇسنىڭ «ئەمدى شاد-خۇراملىقىمنى كامىل (قىلىڭلار)...» دېگەن سۆزىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇلارنى روھ-قەلبلىرىنى خۇدانىڭ مۇھەببىتىگە تېخىمۇ ئېچىشقا جېكىلىشلىرىنى ئوقۇش ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ۋە سوۋغىتىدىن زور شادلىقى بار ۋە شۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتتى؛ ئۇلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەشنى داۋام قىلغان بولسا «شادلىقى كامىل» بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ رەھمەتلىرى خەتنىڭ ئاخىرىدىراق كۆرۈلىدۇ (10:4). خەتنىڭ قالغىنى بولسا ئۇلارغا خۇشاللىق ئىچىدە بەرگەن تەسەللى، رىغبەت ھەم جېكىلەشلەردۇر.

خەت پاۋلۇسنىڭ تەلىم-تەربىيە ئېيتىش ۋە ئىشنى تۈزۈتۈش مەقسىتى بىلەن يازغان باشقا خەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنداق بولغىنى بىلەن ئۇنىڭدا كۆپ قىممەتلىك تەلىم-تەربىيە باردۇر! «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ تەلىم-تەربىيىلىرىدىن بەزى گۆھەرلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. خەت يەنە مەسىھنىڭ ئىنسان بولۇشى توغرۇلۇق پۈتكۈل مۇقەددەس كىتاب ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەھىيلەردىن بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (2:5-11). بىز ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز (7:2).

پاۋلۇسنىڭ 1:21-26دە يازغان بايانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ كېسەل بولغان ياكى بولمىغان بولسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئىنتايىن زەئىپلىشىپ كەتكەن، «ھايات-ماماتنىڭ چېگرىسى»دىكى مەلۇم بىر يەردە تۇرغان ئوخشايدۇ. ئۇ «دۇنيادىن كېتىپ مەسىھ بىلەن بىللە بولۇش» ۋە خۇدانىڭ خەلقىگە يەنە بىرئاز ۋاقىت ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن «تەندە قېلىش» دېگەن ئىككى ئىمكانىيەت توغرۇلۇق ئويلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ «مەسىھ بىلەن بىللە بولۇش»قا كۈچلۈك ئىنتىزارى بار، ۋە خۇدا ئالدىمىغا بۇ ئىككىسىدىن تاللاش يولىنى قويدى دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ (1:22). بىز خۇداغا رەھمەت ئېيتىمىزكى، ئۇ «تەندە قېلىش»نى تاللىدى، شۇنداقلا يەنە بىرنەچچە يىل خۇش خەۋەرنىڭ خىزمىتىنى قىلدى؛ ۋە شۇ چاغدا، تۈرمىدە بولغاچقا مەزكۇر قىممەتلىك خەتنى يېزىشقا ۋاقتى ۋە تۈرتكىسىنىڭ بارلىقى ئۈچۈنمۇ كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز.

ئىزاھات: خەتتىكى «باب»لار ۋە «ئايەت»لەرنىڭ تەرتىپ نومۇرى بىلەن ئەينى خەتنىڭ بىر قىسمى ئەمەس؛ ئۇلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ خالىغان مەلۇم سۆزنى ئاسان تېپىۋېلىشى ئۈچۈن كېيىنكى كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇلغاندى.

## مەزمۇنلار: -

| | |
|---|---|
| 1:1-11 | سالام، رەھمەتلەر ۋە دۇئا |
| 1:12-30 | روسۇلنىڭ ئۆز ئەھۋالى ۋە تەڭلىكتە قالغانلىقى |
| 2:1-11 | كەمتەرلىك، «ئورتاقچىلىق»، مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىپ ئىنسان بولۇشى |
| 2:12-30 | «قۇربانلىق» ھايات — پىدا بولۇش |
| 3:1-12 | ھەقىقىي سۈننەت؛ نىشاننى قوغلاش |
| 4:1-9 | ئاخىرقى جېكىلەشلەر |
| 4:10-23 | رەھمەتلەر، مەدھىيىلەر |

# فىلىپپىلىقلارغا

## روسۇل پاۋلۇس فىلىپپى شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان مەكتۇپ

1 [1] ئەيسا مەسىھنىڭ قۇللىرى بولغان پاۋلۇس ۋە تىموتىيدىن،
فىلىپپىدا تۇرۇۋاتقان، مەسىھ ئەيسادا بولغان بارلىق
مۇقەددەس بەندىلەرگە، يېتەكچىلەر ۋە خىزمەتچىلەرگە سالام!
[2] سىلەرگە خۇدائاتىمىز ۋە رەب ئەيسا مەسىھتىن مېھىر-شەپقەت ۋە
خاتىرجەملىك ئاتا قىلىنغاي!
[3] ھەرقېتىم سىلەرنى ئەسلىگىنىمدە مەن خۇدايىمغا تەشەككۈر
ئېيتىمەن؛ [5-4] ھەرقېتىم دۇئا قىلغىنىمدا، سىلەرنىڭ بىرىنچى
كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر سىلەرنىڭ خۇش خەۋەر خىزمىتىگە
بولغان ھەمكارلىقىڭلار تۈپەيلىدىن توختىماي شاد-خۇراملىق بىلەن
سىلەرگە دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتىمەن؛ [6] چۈنكى مېنىڭ دەل شۇنىڭغا
ئىشەنچىم كامىلكى، سىلەردە ياخشى ئىشنى باشلىغۇچى بۇ ئىشنى

---

1:1 **«ئەيسا مەسىھنىڭ قۇللىرى بولغان پاۋلۇس ۋە تىموتىيدىن، فىلىپپىدا تۇرۇۋاتقان، مەسىھ ئەيسادا بولغان بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرگە، يېتەكچىلەر ۋە خىزمەتچىلەرگە سالام!»** ــ «يېتەكچىلەر» ھەم «خىزمەتچىلەر» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزگە قاراڭ.

**2:1** رىم. 7:1؛ 1پېت. 2:1.

3:1 **«ھەرقېتىم سىلەرنى ئەسلىگىنىمدە مەن خۇدايىمغا تەشەككۈر ئېيتىمەن؛...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «سىلەرنىڭ مېنى ھەرقېتىملىق ئەسلىگىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن؛...».

**3:1** ئەف. 15:1؛ كول. 3:1؛ 1تېس. 2:1؛ 2تېس. 3:1.

5-4:1 **«...سىلەرنىڭ بىرىنچى كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر سىلەرنىڭ خۇش خەۋەر خىزمىتىگە بولغان ھەمكارلىقىڭلار تۈپەيلىدىن توختىماي شاد-خۇراملىق بىلەن سىلەرگە دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتىمەن»** ــ «سىلەرنىڭ بىرىنچى كۈندىن تارتىپ» ــ دېمەك، فىلىپپىلىقلارنىڭ پاۋلۇستىن خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغان كۈندىن تارتىپ.
—خەت يېزىلغان چاغدا پاۋلۇسنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان «ھەمكارلىششى» ئون يىلدىن كۆپ بولغان

تاكى ئەيسا مەسىھنىڭ كۈنىگىچە كامالەتكە يەتكۈزۈپ تاماملايدۇ؛
[7] مېنىڭ ھەممىڭلار توغرۇلۇق شۇنداق ئويلىشىم توغرىدۇر؛ چۈنكى
مەن قەلبىڭلاردىدۇرمەن؛ مەن زىنداندا زەنجىرلەنگىنىمدىمۇ ۋە خۇش
خەۋەرنى ئاقلىغىنىمدىمۇ، دەلىللىگىنىمدىمۇ خۇدا ماڭا يەتكۈزگەن
مېھىر-شەپقەتتىن سىلەرمۇ ئورتاق بەھرىمەن بولىسىلەر. [8] مېنىڭ
مەسىھ ئەيسانىڭ ئىچ-باغرىدا بولۇپ سىلەرنى شۇنچىلىك تەلپۈنۈپ
سېغىنغانلىقىمغا خۇدا ئۆزى گۇۋاھچىدۇر.
[9] مېنىڭ دۇئا-تىلاۋىتىم بولسا، سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلارنىڭ
ھەرتەرەپلىمە بىلىم ۋە ئەتراپلىق ساۋات بىلەن يورۇتۇلۇپ تېخىمۇ
ئېشىپ تاشقايكى، [10] سىلەر نېمە ئىشلارنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى
پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇپ، مەسىھنىڭ كۈنىدە پاك-دىيانەتلىك،
ئەيىبسىز بولىسىلەر [11] ھەمدە ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بولغان،

---

6:1 «**سىلەردە ياخشى ئىشنى باشلىغۇچى بۇ ئىشنى تاكى ئەيسا مەسىھنىڭ كۈنىگىچە كامالەتكە يەتكۈزۈپ تاماملايدۇ**» ــ «ئەيسا مەسىھنىڭ كۈنى» بولسا مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كېلىدىغان، جامائەتنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىدىغان كۈندۇر. «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

**6:1** يـۇھ. 29:6؛ 1تېس. 3:1.

7:1 «**چۈنكى مەن قەلبىڭلاردىدۇرمەن**» ــ باشقا خىل تەرجىمىسى: «چۈنكى سىلەر مېنىڭ قەلبىمدىدۇرسىلەر». لېكىن بىزنىڭچە بىزنىڭ تەرجىمىمىز توغرىدۇر؛ شۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: ــ ئۇلارنىڭ «پاۋلۇسقا قەلبىدىن ئورۇن بەرگىنى» ۋە شۇنىڭدەك تۈرمىدە بولغان ھاجىتىدىن چىققانلىقى، ھەر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ خىزمەتتە پاۋلۇسقا شېرىك بولغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى، پاۋلۇسقا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئېتىقادچىلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «**مەن زىنداندا زەنجىرلەنگىنىمدىمۇ ۋە خۇش خەۋەرنى ئاقلىغىنىمدىمۇ، دەلىللىگىنىمدىمۇ خۇدا ماڭا يەتكۈزگەن مېھىر-شەپقەتتىن سىلەرمۇ ئورتاق بەھرىمەن بولىسىلەر**» ــ بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم: (1) فىلىپپىدىكى قېرىنداشلارنىڭ تۈرمىدە ياتقان پاۋلۇسقا ياردەم بېرىپ ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە خۇش خەۋەرنىڭ يولىدا ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق جاپا تارتىشقا تەييار بولۇشى خۇدا مېھىر-شەپقىتىنى ئۇلاردا مول يۈرگۈزۈشى، ياكى (2) ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى خۇدانىڭ ئۆز مېھىر-شەپقىتىنى ئۇلارغا تېخىمۇ مول ياغدۇرۇشىنىڭ سەۋەبى بولغان. ئىككىلىسىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار بولغىنى بىلەن بىزنىڭچە ئىككىنچىسى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

**7:1** ئەف. 3:1؛ 1:4؛ كول. 3:4، 18؛ 2تىم. 8:1.

**8:1** رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ 1تېس. 5:2؛ 1تىم. 21:5؛ 2تىم. 1:4.

10:1 «**... سىلەر نېمە ئىشلارنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇپ،

خۇدانىڭ شان-شەرىپى ھەم مەدھىيىسىنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەققانىيلىقنىڭ مېۋىسى بىلەن تولدۇرۇلىسىلەر.
[12] بىراق سىلەرگە شۇنى خەۋەرلەندۇرمەكچىمەنكى، ئى قېرىنداشلار، مېنىڭ بۇ ئەھۋالىم ئەمەلىيەتتە خۇش خەۋەرنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولدى؛ [13] چۈنكى مېنىڭ قامىلىشىم مەسىھ ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئىمپېراتور ئوردىسىدىكى قاراۋۇلخانىدىكىلەرگە ۋە باشقا ھەممەيلەنگە ئايان بولدى.
[14] شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ قامىلىشىم تۈپەيلىدىن رەبگە تايىنىپ خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى قورقماي سۆزلەشكە تېخىمۇ جۈرئەتلىك بولدى؛ [15] دەرۋەقە، بەزىلىرى ھەسەت قىلىپ ياكى رىقابەتلىشىپ، بەزىلىرى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مەسىھنى جاكارلايدۇ؛ [16] كېيىنكىلىرى بولسا بەرھەق مۇھەببەتتىن، مېنىڭ خۇش خەۋەرنى ئاقلاپ ئىسپاتلىشىم ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە قويۇلغانلىقىمنى بىلگەنلىكىدىن شۇنداق قىلماقتا؛ [17] ئالدىنقىلىرى بولسا چىن كۆڭلىدىن ئەمەس، بەلكى شەخسىيەتچىلىكىدىن،

---

**مەسىھنىڭ كۈنىدە پاك-دىيانەتلىك، ئەيىبسىز بولىسىلەر ...»** — «مەسىھنىڭ كۈنى» توغرۇلۇق 6-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

13:1 **«مېنىڭ قامىلىشىم»** — گرېك تىلىدا «مېنىڭ باغ-زەنجىرلىرىم». **«ئىمپېراتور ئوردىسىدىكى قاراۋۇلخانا»** — گرېك تىلىدا «پرايتورىئۇم» دېگەن سۆز قەيسەرنىڭ ئوردىسىدىكى مەلۇم بىر قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. «پرايتورىئۇم»غا ئىمپېراتورنى مۇداپىئە قىلغۇچىلار بولغان رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ خىل لەشكەرلىرى جايلاشقان؛ شۇ يەر يەنە رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىسىدىكى ۋالىيلارنىڭ باش شتابى ئىدى. شۇڭا پاۋلۇسنىڭ بۇ يەردە «باشقا ھەممەيلەن» دېگىنى بەلكىم لەشكەرلەرنى ھەم رىمدا تۇرۇۋاتقان بارلىق ۋالىيلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

14:1 **«شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ قامىلىشىم تۈپەيلىدىن رەبگە تايىنىپ خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى قورقماي سۆزلەشكە تېخىمۇ جۈرئەتلىك بولدى...»** — دېمەك، كۆپ قېرىنداشلار: «پاۋلۇس ھەتتا قەيسەرنىڭ ئوردىسىدا تۇرۇپمۇ خۇدانىڭ سۆزىنى قورقماي سۆزلەۋاتقان يەردە، مەن سىرتتا ئەركىن تۇرۇپ ئۇنى جاكارلاشتا نېمىدىن قورققانتىم؟!» دەپ جۈرئەتلىنىدۇ.

**14:1** ئەف. 13:3؛ 1تېس. 3:3.

16:1 **«مۇشۇ يەرگە قويۇلغانلىقىم»** — «قويۇلغانلىقىم» — ھەممىگە قادىر تەرىپىدىن، ئەلۋەتتە

مېنىڭ زەنجىرلەنگەن دەردىمگە دەرد قوشماقچى بولۇپ شۇنداق
قىلماقتا.
[18] ئەمدى بۇلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ قانداقلا بولمىسۇن، توغرا نىيەتتىن
بولسۇن ساختىلىقتىن بولسۇن، ئوخشاشلا مەسىھ جاكارلىنىدۇ؛ مەن
شۇنىڭغا شادلىنىمەن؛ بەرھەق، داۋاملىق شادلىنىۋېرىمەن. [19] چۈنكى
دۇئالىرىڭلار ۋە مەسىھ ئەيسانىڭ روھىنىڭ قۇۋۋەتلىشى ئارقىلىق
بۇ ئىشلار نىجات-قۇتقۇزۇلۇشۇمغا مەدەت بولىدۇ دەپ بىلىمەن،
[20] ــ دېمەك، تەقەززالىقىم ۋە ئۈمىد-ئىستىكىم بويىچە ھېچ ئىشتا
خىجالەتچىلىكتە قالماستىن، تىرىك ياكى ئۆلۈك بولاي، ھەردائىم
بولغىنىدەك ھازىرمۇ تولۇق جاسارەت بىلەن مەسىھ تېنىمدە
ئۇلۇغلانسۇن! [21] چۈنكى ماڭا نىسبەتەن ھاياتىمنىڭ ئۆزى مەسىھدۇر،
ئۆلۈش بولسا تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.
[22] جېنىم تېنىمدە قالسا، ئەمدى نېسىۋەم يەنە مېۋىلىك خىزمەت
بولىدۇ؛ لېكىن قايسىسىنى ئەۋزەل بىلىپ تاللىۋېلىشىمنى

17:1 **«ئالدىنقىلىرى بولسا چىن كۆڭلىدىن ئەمەس، بەلكى شەخسىيەتچىلىكىدىن، مېنىڭ زەنجىرلەنگەن دەردىمگە دەرد قوشماقچى بولۇپ شۇنداق قىلماقتا»** ــ شۇنداق قېرىنداشلار بەلكىم: «ئۇلۇغ روسۇل پاۋلۇس تۈرمىدە قاماقلىق، بىزگە پۇرسەت كەلدى» دەپ، جامائەتلەر ئارىسىدا ئۆز داڭقىنى چىقارماقچى، ئۆزلىرى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» بولۇۋالماقچى بولغانلاردۇر.

19:1 **«چۈنكى دۇئالىرىڭلار ۋە مەسىھ ئەيسانىڭ روھىنىڭ قۇۋۋەتلىشى ئارقىلىق بۇ ئىشلار نىجات-قۇتقۇزۇلۇشۇمغا مەدەت بولىدۇ دەپ بىلىمەن...»** ــ «مېنىڭ نىجات-قۇتقۇزۇلۇشۇم» ــ بەزى ئالىملار بۇ سۆزلەرنى «تۈرمىدىن قۇتقۇزۇلۇش» ياكى بولمىسا «مېنى ئۆلۈم ئارقىلىق جەننەتكە يەتكۈزۈش» دەپ چۈشىنىدۇ؛ بىزنىڭچە بۇ سۆزلەر چوقۇم تۆۋەندىكى 20-ئايەت بىلەن باغلىقتۇر. 20-ئايەتتە «نىجات-قۇتقۇزۇلۇش»نىڭ ئەمەلىيەتتە نېمە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**19:1** 2كور. 11:1.

20:1 **«تەقەززالىقىم ۋە ئۈمىد-ئىستىكىم بويىچە ھېچ ئىشتا خىجالەتچىلىكتە قالماستىن... »** ــ «ھېچ ئىشتا خىجالەتچىلىكتە قالماستىن...» بەلكىم مەسىھنىڭ ۋەكىل سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ھېچقانداق داغ كەلتۈرمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**20:1** رىم. 5:5.

بىلمەيۋاتىمەن؛ [23]مەن ھايات بىلەن مامات ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ
قالدىم؛ چۈنكى بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ، مەسىھ بىلەن بىللە بولۇشقا
ئىنتىزارمەن ــ بۇ ئىش زىيادە ئەۋزەلدۇر؛ [24]ئەمما سىلەر ئۈچۈن
جېنىمنىڭ تېنىمدە قېلىشى تېخىمۇ زۆرۈرغۇ دەيمەن.
[25]ئەمدى بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل بولۇپ، سىلەرنىڭ ئېتىقادتا
ئالغا ئىلگىرىلىشىڭلار ھەم شاد-خۇرام بولۇشۇڭلار ئۈچۈن مەن
سىلەر بىلەن بىللە قېلىپ داۋاملىق تۇرىمەن دەپ بىلىمەن؛ [26]شۇنىڭ
بىلەن مېنىڭ سىلەرگە يەنە ھەمراھ بولغىنىم ۋەجىدىن مەن
ئارقىلىق مەسىھ ئەيسادا پەخىرلىنىپ تەنتەنە قىلىشىڭلار تېخىمۇ
زىيادىلىشىدۇ!
[27]پەقەت ئۆزۈڭلارنى مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىگە لايىق تۇتۇڭلاركى،
مەن يېنىڭلارغا بېرىپ سىلەر بىلەن دىدارلاشقاندىمۇ، سىلەردىن
ئايرىلغاندىمۇ، ئىشلىرىڭلاردىن ئاڭلايدىغىنىم سىلەرنىڭ بىر
روھ بىر جاندا بولۇپ چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ، خۇش خەۋەردىكى
ئېتىقادنىڭ يولىدا كۈرەشكە ئىنتىلىۋاتقىنىڭلار، [28]شۇنداقلا
قارشى چىققۇچىلارنىڭ ھېچقانداق ۋەھىمىلىرىدىن پاتىپاراق بولۇپ
كەتمىگىنىڭلار بولسۇن؛ سىلەردىكى بۇ غەيرەت، ئۇلارغا ھالاكەتنىڭ
بەلگىسى، سىلەرگە بولسا قۇتقۇزۇلۇشۇڭلارنىڭ ئالامىتى، شۇنىڭدەك

24:1 **«ئەمما سىلەر ئۈچۈن جېنىمنىڭ تېنىمدە قېلىشى تېخىمۇ زۆرۈرغۇ دەيمەن»** ــ 21-25-ئايەتلەر توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

25:1 **«ئەمدى بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل بولۇپ، سىلەرنىڭ ئېتىقادتا ئالغا ئىلگىرىلىشىڭلار ھەم شاد-خۇرام بولۇشۇڭلار ئۈچۈن مەن سىلەر بىلەن بىللە قېلىپ داۋاملىق تۇرىمەن دەپ بىلىمەن»** ــ پاۋلۇسنىڭ تۈرمىدىن قايتا چىققانلىقى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

27:1 **«ئۆزۈڭلارنى مەسىھنىڭ خەۋىرىگە لايىق ھالدا تۇتۇڭلار»** ــ گرېك تىلىدا «ئۆزۈڭلار مەسىھنىڭ خەۋىرىگە لايىق ھالدا پۇقرا بولۇڭلار» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. فىلىپپىدىكىلەر بولسا «رىملىق پۇقرالار» دەپ ھېسابلىنىپ، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئىدى. پاۋلۇسنىڭ پۈرىتىپ ئېيتماقچى بولغىنى «ئۆزۈڭلارنى ئەرشتىكى پۇقرالارغا لايىق ھالدا تۇتۇڭلار» دېگەنلىكتۇر.

**27:1** يار. 1:17؛ 1كور. 20:7؛ ئەف. 1:4؛ كول. 10:1؛ 1تېس. 12:2؛ 1:4.

ئالايىتەن خۇدادىن كەلگەن بىر ئالامەتتۇر؛ [29] چۈنكى مەسىھنىڭ يولىدا
سىلەرگە پەقەت ئۇنىڭغا ئىشىنىشنىلا ئەمەس، يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن
خورلۇقلارغا ئۇچراشمۇ نېسىۋە قىلىنغاندۇر. [30] چۈنكى سىلەر ئىلگىرى
مەندە كۆرگىنىڭلاردەك ۋە شۇنىڭدەك ھازىر ئاڭلىغىنىڭلاردەك مەن
يولۇققان كۈرەشكە سىلەرمۇ يولۇقماقتىسىلەر.

2 [1] ئەگەر ئەمدى مەسىھتە رىغبەت بار دېيىلسە، مۇھەببەتنىڭ
تەسەللىسى بار دېيىلسە، روھنىڭ سىرداشلىقى بار دېيىلسە،
قەلبدە ئىچ ئاغرىتىشلار ھەم رەھىمدىللىق بار دېيىلسە، [2-3] —
ئەمدى ئوخشاش بىر ئوي-پىكىردە بولۇپ، بىر-بىرىڭلارغا ئوخشاش
مۇھەببەتتە باغلىنىپ، بىر جان بىر نىيەتتە بولۇپ، ئاراڭلاردا ھېچ
ئىش رىقابەتتىن ياكى قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىكتىن بولمىسۇن؛
ئەكسىچە، ئوي-خىياللىڭلاردا كىچىك پېئىللىق بولۇپ ھەربىرىڭلار
باشقىلارنى ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى دەپ بىلىڭلار؛ شۇنداق بولغاندا شاد-

1:28 **«سىلەردىكى بۇ غەيرەت...»** — گرېك تىلىدا «بۇ ئىش...». باشقا مۇمكىنچىلىكى باركى، «بۇ ئىش» قارشى چىققۇچىلارنىڭ قارشىلىقىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. **«...ئۇلارغا ھالاكەتنىڭ بەلگىسى، سىلەرگە بولسا قۇتقۇزۇلۇشۇڭلارنىڭ ئالامىتى، شۇنىڭدەك ئالايىتەن خۇدادىن كەلگەن بىر ئالامەتتۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «...ئۇلارغا ھالاكەتنىڭ بەلگىسى، سىلەرگە بولسا قۇتقۇزۇلۇشۇڭلارنىڭ ئالامىتى، (شۇنىڭدەك) قۇتقۇزۇلۇشۇڭلارنىڭ خۇدادىن بولغانلىقىغا بىر ئالامەتتۇر».

1:30 **«.. سىلەر ئىلگىرى مەندە كۆرگىنىڭلاردەك ۋە شۇنىڭدەك ھازىر ئاڭلىغىنىڭلاردەك مەن يولۇققان كۈرەشكە سىلەرمۇ يولۇقماقتىسىلەر»** — دېمەك، (1) ئېتىقاد ئۈچۈن زىيانكەشلىككە يولۇقۇش؛ (2) شۈبھىسىزكى، ھەرخىل جىن-شەيتانلار تەرىپىدىن كەلگەن ھۇجۇمغا ئۇچراش («روھىي كۈرەش — «ئەف.» 6:10-18نى كۆرۈڭ).

2:1 **«ئەگەر ئەمدى مەسىھتە رىغبەت بار دېيىلسە، مۇھەببەتنىڭ تەسەللىسى بار دېيىلسە، روھنىڭ سىرداشلىقى بار دېيىلسە، قەلبدە ئىچ ئاغرىتىشلار ھەم رەھىمدىللىق بار دېيىلسە، ...»** — گرېك تىلىدا مۇشۇ ئايەتتىكى «ئەگەر» دائىم رېتورىك شەكىلدە ئىشلىتىلىپ «ئەگەر... ۋە دەرۋەقە (شۇنداق) بولىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «روھ» بولسا خۇدانىڭ روھىنى كۆرسىتىدۇ. «قەلبدە» ئەسلى گرېك تىلىدا «ئىچ-قارنىدا»، «ئىچ-باغرىدا».

**خۇراملىقىمنى كامىل قىلىسىلەر.**
**4 ھەربىرىڭلار پەقەت ئۆز ئىشلىرىڭلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي، بەلكى**
**باشقىلارنىڭكىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈڭلار. 5 مەسىھ ئەيسادا بولغان ئوي-**
**پوزىتسىيە سىلەردىمۇ بولسۇن: ــ**
**6 ئۇ خۇدانىڭ تىپ-شەكلىدە بولسىمۇ،**
**ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ قىلىشنى ئولجا قىلىپ تۇتۇۋالمىدى؛**
**7 ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىدى،**
**ئۆزىگە قۇلنىڭ شەكلىنى ئېلىپ،**
**ئىنسانلارنىڭ سىياقىغا كىرىپ، ئىنسانىي تەبىئەتتىن ئورتاقداش**
**بولۇپ،**
**8 ئۆزىنى تۆۋەن قىلىپ،**
**ھەتتا ئۆلۈمگىچە، يەنى كرېستتىكى ئۆلۈمگىچە ئىتائەتمەن بولدى؛**
**9 شۇڭا خۇدا ئۇنى ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەرتىۋىلىك قىلدى،**

---

**3-2:2** رىم. 16:12؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 16:3؛ 1پېت. 8:3؛ رىم. 10:12؛ 1پېت. 5:5.

**4:2** 1كور. 24:10؛ 5:13.

**5:2** مات. 29:11؛ يۇھ. 15:13؛ 1پېت. 21:2؛ 1يۇھ. 6:2.

**6:2** 2كور. 4:4؛ كول. 15:1؛ ئىبر. 3:1.

7:2 **«... ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ قىلىشنى ئولجا قىلىپ تۇتۇۋالمىدى 6-ئايەت، ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىدى،...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ تۇرۇۋېرەي دەپ تۇرۇۋالمايلا، ئۆزىنىدىن ھەممىنى قۇتۇقدىدى،...». **«ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىدى، *ئۆزىگە قۇلنىڭ شەكلىنى ئېلىپ، ئىنسانلارنىڭ سىياقىغا كىرىپ، ئىنسانىي تەبىئەتتىن ئورتاقداش بولۇپ،...»** ــ بۇ ئايەت بەلكىم ئىنجىل ئىچىدە مەنىسى ئەڭ چوڭقۇر جۈمللەردىن بىرىدۇر. «ئىنسانلارنىڭ سىياقىغا كىرىپ، ئىنسانىي تەبىئەتتىن ئورتاقداش بولۇپ» دېگەن ئىبارىلەر شۈبھىسىزكى، مەسىھنىڭ ھەر جەھەتتىن ئىنسان بولۇپ، تولۇق ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ھېچ گۇناھ يوق ئىدى. «ئىنسانىي تەبىئىتى» گرېك تىلىدا «ئىنسانىي «سخېما»» دەپ ئىپادىلىنىدۇ، ئىنساننىڭ تەبىئىتى ۋە «ئاساسىي قۇرۇلۇش»نى كۆرسىتىدۇ.
ــ«ئۇ ئۆزىنى قۇرۇقدىدى» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**7:2** زەب. 5:8؛ مات. 28:20؛ لۇقا 27:22؛ يۇھ. 14:13.

**8:2** ئىبر. 2:9، 14، 17؛ 15:4؛ 2:12.

**ئۆنىڭغا ھەرقانداق نامدىن ئۈستۈن بولغان نامنى بېغىشلىدىكى،**
**10 ئەيسانىڭ نامىغا ئاسمانلاردا، يەر يۈزىدە ھەم يەر ئاستىدا بارلىق**
**تىزلار پۈكۈلۈپ،**
**11 خۇدائاتىغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ ھەربىر تىل ئەيسا مەسىھنىڭ**
**رەب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.**
**12 شۇنىڭ بىلەن، ئەي سۆيۈملۈكلىرىم، سىلەر ھەمىشە ئىتائەت**
**قىلغىنىڭلاردەك، پەقەت مەن يېنىڭلاردا بولغىنىمدىلا ئەمەس، بەلكى**
**ھازىرقىدەك مەن سىلەردىن نېرى بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىتائەت**
**بىلەن ئەيمىنىشتە، تىترىگەن ھالدا ئۆز نىجاتىڭلارنى ھەرتەرەپكە**
**تەتبىقلاشقا ئىنتىلىڭلار. 13 چۈنكى خۇدانىڭ گۈزەل خاھىشى بويىچە**
**سىلەرنىڭ ئىرادە تىكلىشىڭلارغا ۋە شۇنىڭدەك ئۇنى ئەمەلگە**
**ئاشۇرۇشۇڭلاردا ئىچىڭلاردا ئىشلىگۈچى ئۇنىڭ ئۆزىدۇر.**
**14 ھەممە ئىشلارنى غۇدۇڭشىماي ياكى تالاش-تارتىش قىلماي**
**قىلىڭلار؛ 15 شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئەيىبسىز، ساپ دىللىق بولۇپ، بۇ**
**دەۋردىكى تەتۈر، ئەسەبىي ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ياشاپ، ئۇلارنىڭ**
**ئارىسىدا دۇنياغا يورۇقلۇق بەرگۈچىلەردەك پارلاپ، خۇدانىڭ**
**داغسىز پەرزەنتلىرى بولىسىلەر؛ 16 شۇنىڭدەك ھاياتنىڭ سۆز-**
**كالامىنى سۇنۇپ بەرگۈچى بولغىنىڭلار تۈپەيلىدىن، مەن سىلەردىن**

---

**9:2** روس. 33:2؛ ئىبر. 4:1.

**10:2** يەش. 23:45؛ رىم. 11:14.

11:2 **«خۇدائاتىغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ ھەربىر تىل ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ»** ــ دېمەك، مەسىھ ئەيساغا بېغىشلانغان نام «رەب»دۇر. ئۇ ئەسلى ئۆزى رەب بولۇپ (مەسىلەن، «لۇقا» 11:2)، ئۇ ئەرشلەرگە كۆتۈرۈلگىنىدە خۇدائاتىسى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن بولغان خۇرسەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قايتىدىن ئۇنى «رەب» دەپ ئېنىق جاكارلىغان. «يەش.» 23:45نى كۆرۈڭ.

**11:2** يۇھ. 13:13؛ 1كور. 6:8؛ 3:12.

**13:2** 2كور. 5:3.

**14:2** رىم. 17:12؛ 1پېت. 12:2؛ 9:4.

**15:2** پەند. 18:4؛ مات. 14:5.

**مەسىھنىڭ كۈنىدە بىكار يۈگۈرمەپتىمەن، بىكار جاپا تارتماپتىمەن دەپ پەخىرلىنىپ تەنتەنە قىلالايدىغان بولىمەن.**
**[17] ھەتتا مەن «شاراب ھەدىيەسى» سۈپىتىدە ئېتىقادىڭلاردىكى قۇربانلىق ھەم خىزمەت-ئىبادەتنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلساممۇ، مەن شادلىنىمەن، شۇنداقلا سىلەر بىلەن بىللە ئورتاق شادلىنىمەن.**
**[18] سىلەرمۇ ئوخشاش يولدا شادلىنىسىلەر ۋە مەن بىلەن بىللە ئورتاق شادلىنىشىڭلار كېرەك.**

---

**16:2 «ھاياتنىڭ سۆز-كالامىنى سۇنۇپ بەرگۈچى بولغىنىڭلار تۈپەيلىدىن...» —** «ھاياتنىڭ سۆز-كالامى» — مەڭگۈ ھايات توغرۇلۇق سۆز، ئەلۋەتتە. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھاياتنىڭ سۆز-كالامىنى چىڭ تۇتقىنىڭلار تۈپەيلىدىن،...». لېكىن يۇقىرىقى 15-ئايەتتە فىلىپپىلىق قېرىنداشلار «يورۇقلۇق بەرگۈچى» دەپ ئاتالغان بولغاچقا، مۇشۇ يەردە «(سىلەر)... (خۇدانىڭ) ھاياتنىڭ سۆز-كالامىنى سۇنۇپ بەرگۈچى بولغىنىڭلار» دەپ تەرجىمە قىلىشنى توغرا كۆرىمىز.

**16:2** 2كور. 14:1؛ 1تېس. 19:2.

**17:2 «ھەتتا مەن «شاراب ھەدىيەسى» سۈپىتىدە ئېتىقادىڭلاردىكى قۇربانلىق ھەم خىزمەت-ئىبادەتنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلساممۇ، مەن شادلىنىمەن، شۇنداقلا سىلەر بىلەن بىللە ئورتاق شادلىنىمەن» —** پاۋلۇس يۇقىرىدا 25:1-26دە «سىلەر بىلەن يەنە دىدارلىشىمەن» دەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇ ئۆلتۈرۈلسىمۇ، مەيۇسلەنمەيتتى ياكى ھېچ ھەسرەت تارتمايتتى، ئەكسىچە شۇ سەۋەبتىن شادلىناتتى؛ ۋە ئەگەر شۇنداق ئىش بولسا، ئۇلارنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئورتاق شادلىنىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

**17:2** 2كور. 7:4.

**18:2 «سىلەرمۇ ئوخشاش يولدا شادلىنىسىلەر ۋە مەن بىلەن بىللە ئورتاق شادلىنىشىڭلار كېرەك» —** 17-18--ئايەت ئۈستىدە: تەۋرات دەۋرىدىكى ئىبادەت تۈزۈمىدە، «كۆيدۈرمە قۇربانلىق» قىلغاندا، قۇربانلىق قۇربانگاھقا قويۇلغاندا ئۇنىڭغا «ئاشلىق ھەدىيەسى» قوشۇلۇشى كېرەك، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە «شاراب ھەدىيەسى» قۇيۇلۇشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ يەردە پاۋلۇس تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن فىلىپپىدىكى ئېتىقادچىلارنىڭ قىلغان خىزمەت-ئىبادىتىنى مۇھىم قۇربانلىققا، ئۆزىنىڭ يېقىندا ئېھتىماللىقى بولغان ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى تۈرمىدە ئۆزىنى جامائەت ئۈچۈن پىدا قىلىۋاتقانلىقىنى بىر «شاراب ھەدىيەسى»گە، يەنى ئۇلارنىڭ چوڭ قۇربانلىقى ئۈستىگە تولۇقلايدىغان پەقەت قوشۇمچە بىر «شاراب ھەدىيەسى»گە ئوخشىتىدۇ.
—قايتىدىن دەيمىز: ئۇ ئۆلتۈرۈلسىمۇ، مەيۇسلەنمەيتتى ياكى ھېچ ھەسرەت تارتمايتتى، ئەكسىچە شۇ سەۋەبتىن شادلىناتتى؛ ۋە ئەگەر شۇنداق ئىش بولسا، ئۇلارنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئورتاق شادلىنىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

[19] لېكىن مەن رەبدە پات ئاردا تىموتىينى يېنىڭلارغا ئەۋەتىشنى
ئۈمىد قىلىمەنكى، ئەھۋالىڭلارنى ئاڭلاپ مەنمۇ خۇش بولسام؛
[20] چۈنكى يېنىمدا ئۇنىڭغا ئوخشاش، دىلىمىز بىر بولغان،
ئىشلىرىڭلارغا چىن دىلىدىن كۆڭۈل بۆلگۈچى باشقا ئادەم يوقتۇر.
[21] چۈنكى ھەممە ئادەم ئەيسا مەسىھنىڭ ئىشلىرىغا ئەمەس، بەلكى
ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىنتىلىدۇ؛ [22] ئەمما سىلەر
ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى، ئۇنىڭ خۇش خەۋەرنىڭ خىزمىتىدە خۇددى
ئاتىسىغا ھەمراھ بولۇپ ئىشلەيدىغان بالىدەك مەن بىلەن بىرگە
مېھنەت سىڭدۈرگەنلىكىنى بىلىسىلەر. [23] ئەمدى ئاقىۋىتىمنىڭ
قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن ھامان، ئۇنى دەرھال
ماڭدۇرۇۋېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن؛ [24] ئەمما ئۆزۈمنىڭ يېنىڭلارغا پات
ئاردا بارىدىغانلىقىمغا رەب ئارقىلىق ئىشەنچىم بار.
[25] ئەمما بۇنىڭدىن ئاۋۋال مېنىڭ قېرىندىشىم، خىزمەتدىشىم
ھەم سەپدىشىم بولغان، سىلەرنىڭ ئەلچىڭلار ھەم ھاجىتىمدىن
چىققان قۇربانلىق ياردىمىڭلارنى يەتكۈزگۈچى ئېپافرودىتنى
يېنىڭلارغا ئەۋەتىشنى زۆرۈر تاپتىم، [26] چۈنكى ئۇ ھەممىڭلارغا
سېغىنىپ تەلپۈنگەندى ھەم سىلەرنىڭ ئۇنىڭ كېسەل ھالىدىن
خەۋەر تاپقىنىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابلاندى. [27] ئۇ دەرۋەقە كېسەل
بولۇپ ئەجەلگە يېقىنلىشىپ قالدى؛ لېكىن خۇدا ئۇنىڭغا رەھىم
قىلدى؛ ھەم مېنىڭ دەردىمنىڭ ئۈستىگە دەرد بولمىسۇن دەپ يالغۇز

---

**19:2** روس. 1:16؛ رىم. 21:16؛ 1تېس. 2:3.

**21:2** 1كور. 24:10؛ 5:13.

25:2 **«مېنىڭ قېرىندىشىم، خىزمەتدىشىم ھەم سەپدىشىم بولغان، سىلەرنىڭ ئەلچىڭلار ھەم ھاجىتىمدىن چىققان قۇربانلىق ياردىمىڭلارنى يەتكۈزگۈچى ئېپافرودىت»** — «سەپدىشىم» — پاۋلۇس بىلەن روھىي كۈرەشتە ئورتاق جەڭچى، ئەلۋەتتە.
—«ئەلچىڭلار» گرېك تىلىدا «ئاپوستولوس». بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئەۋەتىلگەن كىشى»، «ئەلچى» ياكى «روسۇل» بولىدۇ. مۇشۇ يەردە بىز «ئەلچى» دەپ تەرجىمە قىلغىنىمىز بىلەن، مۇمكىنچىلىكى باركى، پاۋلۇس ئېپافرودىتنىڭ روسۇللۇق خىزمىتى بار بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئۇنڭغلا ئەمەس، بەلكى ماڭمۇ رەھم قلدى. [28] شۇنڭدەك
ئۇنڭ بلەن يەنە كۆرۈشۈپ شادلنشڭلار ۋە شۇنداقلا ئۆزۈمگە
نسبەتەن دەردلرمنى ئازايتش ئۈچۈن ئۇنى تېخمۇ جددي يولغا
سالماقچمەن. [29] ئەمدى ئۇنى شاد-خۇراملق بلەن رەبدە قوبۇل
قلڭلار ھەم ئۇنڭدەك ئادەملەرگە ھۆرمەت قلڭلار؛ [30] چۈنكى
ئۇ مەسھنڭ خزمتنى دەپ، سلەرنڭ ماڭا قلماقچى بولغان
ياردمڭلارنى بېجرشتە يولۇققان بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ئەجەلگە
يۈزلنپ، ئۆز جېننى تەۋەككۈل قلدى.

27:2 **«ئۇ دەرۋەقە كېسەل بولۇپ ئەجەلگە يېقنلشپ قالدى؛ لېكن خۇدا ئۇنڭغا رەھم قلدى؛ ھەم مېنڭ دەردمنڭ ئۈستگە دەرد بولمسۇن دەپ يالغۇز ئۇنڭغلا ئەمەس، بەلكى ماڭمۇ رەھم قلدى»** ـــ «خۇدا... يالغۇز ئۇنڭغلا ئەمەس، بەلكى ماڭمۇ رەھم قلدى» دېگەن سۆز برخل گۇناھنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. تۆۋەندكى 28ـ30ـئايەتلەرگە قارىغاندا، ئېپافرودت پاۋلۇسقا جامائەتنڭ سوۋغسنى يەتكۈزۈپ بارىدىغان يولدا كېسەل بولدى. ئۇ بەلكم يولدا كېسەل بولۇپ قالغان. ئۇ پاۋلۇسنڭ قېشغا يېتپ بېرشقا ئالدراپ ئۆز كېسلى بلەن ھېچ كارى بولماي ئالغا باستى، شۇنڭ بلەن ئۇ تېخمۇ ئېغر كېسەل بولۇپ «ئەجەلگە يېقنلشپ قالدى». پاۋلۇس، ئۇنڭ بۇ قلغنىنى برخل تەۋەككۈلچلك، ئاقلانە ئىش ئەمەس دەپ ئويلشى مۈمكن. خۇددى پاۋلۇس، خۇدا «ئۇنڭغا رەھم قلپ» ساقايتتى، شۇنداقلا «ماڭا رەھم قلدى» ـــ چۈنكى ئېپافرودت مېنڭ ۋەجەمدىن شۇنداق قلدى، دېگەندەك.

—ئۇنداق دېگنمز بلەن، خۇدا بزگە جامائەت ئۈچۈن شۇنداق تەۋەككۈل قلشقا تەييار بولغان ئادەملەرنى ئەۋەتسۇن!

**29:2** 1كور. 14:9؛ گال. 6:6؛ 1تېس. 12:5؛ 1تم. 17:5؛ ئبر. 17:13.

30:2 **«ئۇ مەسھنڭ خزمتنى دەپ...»** ـــ گرېك تلدا: «ئۇ خزمەت دەپ،...» دېيلگەن. پاۋلۇسقا (شۇنداقلا ئېپافرودتقا) نسبەتەن پەقەت «خزمەت»لا بار، چۈنكى ئۇنڭغا نسبەتەن پەقەت بر خزمەت، يەنى مەسھنڭ خزمتى، خۇش خەۋەرنڭ خزمتى باردۇر. **«ئۇ... سلەرنڭ ماڭا قلماقچى بولغان ياردمڭلارنى بېجرشتە يولۇققان بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ئەجەلگە يۈزلنپ، ئۆز جېننى تەۋەككۈل قلدى»** ـــ پاۋلۇسنڭ «ياردمڭلارنى بېجرشتە يولۇققان بوشلۇق....» دېگنى، فلپپدكى جامائەتنڭ ئۇنڭغا كۆڭۈل بۆلۈشدە مەلۇم يېتەرسزلك بار، دېگەنلكى ئەمەس؛ ئۇ، سلەردە ئۈمد قلغنڭلاردەك ياردەمنى يەتكۈزۈش پۇرسەتلرى چقمغان بولسمۇ، لېكن ئەۋەتمەكچى بولغان كۆڭلۈڭلارنى چۈشنمەن، دېمەكچى.

—«ياردمڭلار» دېگەن سۆز گرېك تلدا مۇشۇ يەردە «ئبادەتخاندكى كاھنلق قۇربانلق

# 3

[1] ئاخىرىدا، ئەي قېرىنداشلىرىم، رەبدە شادلىنىڭلار! بۇلارنى
سىلەرگە قايتا يېزىش مەن ئۈچۈن ئاۋارىچىلىك ئەمەس، بەلكى
سىلەرگە ئامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ.
[2] ئىتلاردىن هېزى بولۇڭلار، يامانلىق قىلغۇچىلاردىن هېزى بولۇڭلار،
«تىلىم-تىلىم كەسكۈچىلەر»دىن هېزى بولۇڭلار! [3] چۈنكى
ھەقىقىي سۈننەتلىكلەر بولسا خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق ئىبادەت
قىلغۇچى، مەسىھ ئەيسادىن پەخىرلىنىپ تەنتەنە قىلغۇچى، ئەتكە
تايانمايدىغان بىزلەردۇرمىز. [4] مېنىڭمۇ ئەتكە تايانغۇچىلىكىم
بار! باشقىلار «ئۆز ئەتلىرىمگە تايانسام بولىدۇ» دېسە، مەن
تېخىمۇ شۇنداق؛ [5] سۈننەتكە كەلسەك، مەن تۇغۇلۇپ سەككىزىنچى
كۈنى سۈننەت قىلىندىم؛ ئىسرائىل مىللىتىدىن، بىنيامىننىڭ
قەبىلىسىدىنمەن، «ئىبرانىيلارنىڭ ئىبرانىيسى»مەن؛ تەۋرات-

---

خىزمىتىڭلار»نى پۈرتىدىغان سۆزدۇر.

**1:3** فىل. 4:4؛ ياق. 2:1؛ 1پېت. 13:4.

2:3 **«ئىتلاردىن هېزى بولۇڭلار، يامانلىق قىلغۇچىلاردىن هېزى بولۇڭلار، «تىلىم-تىلىم كەسكۈچىلەر»دىن هېزى بولۇڭلار!»** — «ئىتلار» يالغان تەلىم بەرگۈچى، خۇدانىڭ يولىنى بۇرىغۇچى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. 3-7-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ. «تىلىم-تىلىم كەسكۈچىلەر» ئىنتايىن ھەجۋىي، كىنايىلىك گەپ بولۇپ، ئۇ «ئادەملەر سۈننەتسىز (خەتنىسىز) بولسا قۇتقۇزۇلمايدۇ» دەپ تەرەپ-تەرەپتە ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەربىرىنى سۈننەت قىلماقچى بولغان يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇ بابتىكى 3-8، 17-21-ئايەتلەرنى ھەم ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ. سۈننەتنىڭ ئەھمىيىتى، «ئەتتىكى سۈننەت» ۋە «روھىي سۈننەت» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**2:3** يەش. 10:56.

**3:3** قان. 16:10؛ 6:30؛ يەر. 4:4؛ يۇھ. 24:4؛ رىم. 29:2؛ كول. 11:2.

4:3 **«مېنىڭمۇ ئەتكە تايانغۇچىلىكىم بار! باشقىلار «ئۆز ئەتلىرىمگە تايانسام بولىدۇ» دېسە، مەن تېخىمۇ شۇنداق»** — بۇ سۆزلەر ئىنتايىن مۇھىم. «ئەت» ياكى «ئەتلەر» توغرۇلۇق «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. «ئۆز ئەتلىرىمگە تايانغۇدەك سالاھىيىتىم بار» دېگىنى، «مەندە خۇدا ئالدىدا گۇناھىمنى يۇغۇدەك، ئۆزۈمنى خۇداغا ئەپلەشتۈرگۈدەك قىلغان ئىشلىرىم بار» دېگەنلىكتۇر (مەسىلەن، مەن سۈننەت قىلىنغان، ئۆتكەندە ئىبادەتخانىدا نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى ۋە ھەدىيەلەرنى سۇنغان، مۇھىم دىنىي ئەربابمەن، قاتارلىقلار).

**4:3** 2كور. 21:11.

**قانۇنى تەرەپتىن ئېيتقاندا، «پەرىسىي» مەزھەپىدىمۇ بولغانمەن؛**
**[6] خۇداغا بولغان قىزغىنلىقىمغا كەلسەك، جامائەتكە زىيانكەشلىك**
**قىلغۇچى ئىدىم؛ تەۋرات قانۇنى تەلەپ قىلغان ھەققانىيلىققا**
**كەلسەك، ئەيىبسىز ئىدىم؛ [7] ئەمما ماڭا نىمە ئىش «پايدىلىق»**
**بولسا، بۇلارنى مەسىھ سەۋەبىدىن زىيانلىق دەپ ھېسابلىدىم؛**
**[8] مەسىھ ئەيسا رەببىمنى تونۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ۋەجىدىن، مەن**
**باشقا ھەممە ئىشنى زىيانلىق دەپ ھېسابلايمەن؛ مەن دەرۋەقە ئۇنىڭ**
**ئۈچۈنمۇ ھەممىدىن مەھرۇم بولغان؛ بەرھەق، مەسىھكە ئېرىشىشىم**
**ئۈچۈن بۇلارنى نىجاسەت دەپ ھېسابلايمەنكى، [9] مەسىھتە بولۇپ،**
**ئۆزۈمدىكى قانداقتۇر ھەققانىيلىق (تەۋرات قانۇنىدىن چىققان**
**ھەققانىيلىق)تىن ۋاز كېچىپ، مەسىھنىڭ ئېتىقاد-سادىقلىقى**
**ئارقىلىق بولغان ھەققانىيلىق، يەنى ئېتىقاد ئارقىلىق خۇدادىن**

---

5:3 **«... تەۋرات-قانۇنى تەرەپتىن ئېيتقاندا، «پەرىسىي» مەزھەپىدىمۇ بولغانمەن» —** «پەرىسىيلەر» يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى تەۋرات قانۇنىدىكى تەلەپلەرنى ئەڭ تەكىتلەيدىغان دىنىي مەزھەپ ئىدى. «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

**5:3** يار. 27:49؛ روس. 6:23؛ 2كور. 22:11.

6:3 **«خۇداغا بولغان قىزغىنلىقىمغا كەلسەك، جامائەتكە زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئىدىم» —** «جامائەتكە زىيانكەشلىك قىلىش» خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە؛ لېكىن شۇ ۋاقىتلاردىكى پاۋلۇس (سائۇل) مەسىھكە قارشى بولۇپ، «مەسىھكە ئېتىقاد باغلاشنى بولسا خۇدانىڭ يولى بىلەن قارشىلاشقانلىق، تەۋرات قانۇنىنى بۇلغىغانلىق» دەپ ئويلايتتى؛ شۇنىڭ بىلەن شۇ چاغدا ئۇ خۇداغا بولغان «قىزغىنلىق»نى خاتا يولغا قارىتىپ «جامائەتكە زىيانكەشلىك قىلدى». **«تەۋرات قانۇنى تەلەپ قىلغان ھەققانىيلىققا كەلسەك، ئەيىبسىز ئىدىم»** — «ئەيىبسىز» — دېمەك، ئۇ تەۋرات قانۇنى جەھەتىدىن ئۆزىنى ئەيىبسىز دەپ قارايتتى. كېيىن خۇدانىڭ روھىدىن يورۇتۇلغاندا ئۇ تەۋرات قانۇنىدىكى تولۇق تەلەپنى بىلىپ يېتىپ، ئۆزىنى تولىمۇ ئەيىبلىك تونۇپ يەتتى («رىم.» 7:7-25، بولۇپمۇ 7نى كۆرۈڭ).

**6:3** روس. 3:8؛ 1:9؛ 3:22، 4؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.

**7:3** مات. 44:13.

**8:3** يەش. 11:53؛ يەر. 22:9؛ يۇھ. 3:17؛ كول. 2:2.

بولغان ھەققانىيلىققا ئېرىشەلەيمەن؛ [10] مۇددىئايىم ئۇنى تونۇشتۇر،
ـ يەنى ئۇنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدە ياشاپ، ئۇنىڭ
ئازابلىرىغا سىرداش-ھەمدەملىكتە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى
ئۆلگە قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، [11] شۇنداقلا مۇمكىن قەدەر ئۆلۈمدىن
تىرىلىشكە يېتىشنى مۇددىئا قىلىمەن.
[12] ئۇلارغا ئېرىشتىم ياكى كامالەتكە يەتتىم دېمەكچى ئەمەسمەن؛
لېكىن مەسىھ ئەيسانىڭ مېنى تۇتۇۋېلىشىدا بولغان مۇددىئا-
نىشانىنى ئۆزۈم تۇتۇۋالسام دەپ چېپىپ يۈرمەكتىمەن. [13] قېرىنداشلار،
مەن ئۆزۈمنى ئۇنى تۇتۇۋالدىم دەپ قارىمايمەن. پەقەت شۇ بىر ئىشنىلا
قىلىمەنكى، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ، ئالدىمدىكى ئىشلارغا
ئىنتىلىپ، [14] نىشانىنى قوغلاپ، خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسادا بولغان بۈيۈك
چاقىرىقىدىكى ئىنئامىغا قاراپ چېپىپ يۈرمەكتىمەن.

---

9:3 **«مەسىھتە بولۇپ، ئۆزۈمدىكى قانداقتۇر ھەققانىيلىق..تىن ۋاز كېچىپ، مەسىھنىڭ ئېتىقاد-سادىقلىقى ئارقىلىق بولغان ھەققانىيلىق، يەنى ئېتىقاد ئارقىلىق خۇدادىن بولغان ھەققانىيلىققا ئېرىشەلەيمەن»** ــ «مەسىھتە» ــ گرېك تىلىدا «ئۇنىڭدا».

**9:3** رىم. 17:1؛ 21:3.

10:3 **««ئۇنىڭ مەسىھنىڭ ئازابلىرىغا بولغان سىرداش-ھەمدەملىك»»** ــ بۇنىڭ توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«ئۇنىڭ ئازابلىرىغا سىرداش-ھەمدەملىكتە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆلگە قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ...»** ــ مەسىھتە بولغان مۇھەببەت، ھەققانىيلىق، يۇۋاش-مۇلايىملىق، سەۋر-تاقەتلىك، ئىمان-ئېتىقاد ۋە باشقىلارنى كەچۈرۈم قىلىش پوزىتسىيىسىنىڭ ئەڭ ئايان قىلىنغان ۋاقتى بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈمىدە بولغاندۇر. شۇنىڭ بىلەن بىزگە «ئۇنىڭ ئۆلۈمى»دىن ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئۇلۇغ ئۈلگە كۆرۈلىدۇ.

**10:3** رىم. 17:8؛ 2كور. 10:4؛ 2تىم. 11:2، 12؛ 1پېت. 13:4.

11:3 **«شۇنداقلا مۇمكىن قەدەر ئۆلۈمدىن تىرىلىشكە يېتىشنى مۇددىئا قىلىمەن...»** ــ پاۋلۇسنىڭ مۇشۇ سۆزى، ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈندە ئۆلۈمدىن تىرىلىشنى مۇددىئا قىلىشى ئەمەس؛ چۈنكى ئۇنىڭ مەسىھنىڭ كۈندە ئۆلۈمدىن تىرىلىشكە قەتئىي ئىشەنچى بار ئىدى (21:1). «ئۆلۈمدىن تىرىلىش»تە، ئىشەنگۈچىلەردە نۇرغۇنلىغان يېڭى قابىلىيەتلەر، يېڭى كۈچلەر، يېڭى بىلىم-چۈشەنچىلەر ۋە ۋەھىيلەر پەيدا بولىدۇ، خۇدانىڭ تولۇق شان-شەرىپى چەكسىز كۆرۈنىدۇ؛ لېكىن، پاۋلۇس بەلكىم مۇشۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىشلارغا ئىگە بولسام دېگەن ئۇلۇغ مۇددىئادا بولغان بولسا كېرەك. 12-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**14:3** 1كور. 24:9؛ 2تىم. 7:4.

15 ئەمدى ئارىمىزدىن كىمكى پىشىپ يېتىلگەن بولسا شۇ ئوي-
مەقسەتتە بولايلى. ئەگەر باشقىچە ئوي-مەقسەتتە بولساڭلار، خۇدا
بۇنىمۇ سىلەرگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 16 قانداقلا بولمىسۇن، قانداق
ئۆلچەمگە يەتكەن بولساق، شۇ ئۆلچەم بويىچە قەدەم بېسىۋېرەيلى.
17 مېنى ئۈلگە قىلىپ ئەگىشىڭلار، ئەي قېرىنداشلار، شۇنداقلا
بىز سىلەرگە تىكلەپ بەرگەن نەمۇنە بويىچە ئوخشاش يولدا
ماڭغانلارغىمۇ كۆزۈڭلارنى تىكىپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىڭلار. 18 چۈنكى
سىلەرگە كۆپ قېتىم ئېيتقىنىمدەك، ۋە ھازىرمۇ كۆز ياشلىرىم بىلەن
قايتا ئېيتىمەنكى، نۇرغۇن كىشىلەر مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن
بولۇپ ماڭماقتا. 19 ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر، خۇداسى ئۆزىنىڭ
قارنىدۇر، شەرىپى قىلىپ ماختانغىنى ئۆز نومۇسسىزلىقىدۇر،
ئويلىغانلىرى پەقەت بۇ دۇنيادىكى ئىشلاردۇر. 20 ھالبۇكى، بىزنىڭ
پۇقرالىقىمىز بولسا ئەرشتىدۇر، بىز دەل شۇ يەردىن نىجاتكارنىڭ
چۈشۈشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز ــ ئۇ بولسا رەببىمىز

15:3 **«ئەگەر باشقىچە ئوي-مەقسەتتە بولساڭلار»** ــ پاۋلۇسنىڭ بۇ دېگىنى، بەلكىم نىشانىنى قوغلىشىڭلارغا ھەرقانداق نامۇۋاپىق ئويدا بولساڭلار» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ: «ئەمدى ئارىمىزدىكى كىمكى «پىشىپ يېتىلگەن» (كىنايىلىك، ھەجۋىي ئېيتىلغان) بولسا، مۇشۇ ئويدا بولايلى. ئەگەر سىلەر باشقىچە ئويلىغان بولساڭلار، خۇدا بۇنىڭ خاتالىقىنى سىلەرگە ئايان قىلىدۇ» دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ. بىز ئۇنىڭغا قايىل ئەمەسمىز؛ ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئۇنىڭغا زىت كېلىدۇ.

16:3 **«قانداقلا بولمىسۇن، قانداق ئۆلچەمگە يەتكەن بولساق، شۇ ئۆلچەم بويىچە قەدەم باسايلى»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «قانداقلا بولمىسۇن، قانداق ئۆلچەمگە يەتكەن بولساق، شۇ ئۆلچەم بويىچە قەدەم بېسىۋېرەيلى، شۇ ئويدىمۇ بولۇۋېرەيلى» دېيىلىدۇ.

**16:3** رىم. 16:12؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ گال. 16:6؛ فىل. 2:2؛ 1پېت. 8:3.

**17:3** 1كور. 16:4؛ 1:11؛ 1تېس. 6:1.

18:3 **«نۇرغۇن كىشىلەر مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن بولۇپ ماڭماقتا»** ــ «مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن بولۇش» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

**18:3** رىم. 17:16.

ئەيسا مەسىھدۇر. [21] ئۇ بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان
قۇدرىتى بويىچە بىزنىڭ ئەبگار بۇ تېنىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ
شان-شەرەپلىك تېنىگە ئوخشاش ھالغا كەلتۈرىدۇ.

# 4

[1] ئەمدى، ئەي قېرىنداشلىرىم، سۆيگەنلىرىم ۋە تەلپۈنگەنلىرىم،
مېنىڭ شاد-خۇراملىقىم، مېنىڭ بېشىمنىڭ تاجى بولغۇچىلار،
رەبدە چىڭ تۇرۇڭلار، ئى سۆيگەنلىرىم!
[2] ئېۋودىيادىن ئۆتۈنىمەن، ۋە سىنتىخەدىن ئۆتۈنىمەنكى، رەبدە بىر
ئويدا، بىر پىكىردە بولۇڭلار!
[3] دۇرۇس، مەن سەندىنمۇ تەلەپ قىلىمەنكى، ئى ھەقىقىي
ھەمبويۇنتۇرۇقلۇق خىزمەتدىشىم، بۇ ئاياللارنىڭ ياردىمىدە
بولغىن؛ مانا ئۇلار مەن ۋە كلېمەنت بىلەن بىللە، شۇنداقلا ناملىرى
«ھاياتلىق دەپتىرى»گە خاتىرىلەنگەن باشقا خىزمەتداشلىرىم
بىلەن بىللە خۇش خەۋەر خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بىرگە

20:3 «ھالبۇكى، بىزنىڭ پۇقرالىقىمىز بولسا ئەرشتىدۇر، بىز دەل شۇ يەردىن نىجاتكارنىڭ چۈشۈشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز» — «مەسىھنىڭ كرېستىغا بولغان دۈشمەنلەر» بولسا ئەرشكە ئەمەس، بەلكى «بۇ دۇنيا»غا، يەنە «زېمىن»غا تەۋەدۇر.

**20:3** 1كور. 7:1؛ 1تېس. 10:1؛ تىت. 13:2؛ ئىبر. 14:13.

21:3 **«ئۇ بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان قۇدرىتى بويىچە بىزنىڭ ئەبگار بۇ تېنىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ شان-شەرەپلىك تېنىگە ئوخشاش ھالغا كەلتۈرىدۇ»** — «ئەبگار بۇ تېنىمىز» گرېك تىلىدا «بىزنى تۆۋەن قىلىدىغان بۇ تېنىمىز»، ياكى «بىزنى كىچىك پېئىللىق قىلىدىغان بۇ تېنىمىز» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بىرسى تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن بولسا تېنىدە ھەرقانداق ئاجىزلىق، ئەبگارلىق پەيدا بولسا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ چوڭچىلىقىغا خاتىمە بېرىلىدۇ، ئەلۋەتتە، شۇنداقلا ھەممىمىزگە كىچىك پېئىللىقنىڭ توغرا كېلىدىغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىدۇ.

**21:3** 1كور. 51:15؛ كول. 4:3؛ 1يۇھ. 2:3.

**1:4** 1تېس. 19:2.

2:4 **«ئېۋودىيادىن ئۆتۈنىمەن، ۋە سىنتىخەدىن ئۆتۈنىمەنكى، رەبدە بىر ئويدا، بىر پىكىردە بولۇڭلار!»** — ئېۋودىيا ۋە سىنتىخە جامائەتتىكى ئاچا-سىڭىل ئىدى.

كۈرەش قىلغان.
4 رەبدە شادلىنىڭلار؛ مەن يەنە ئېيتىمەنكى، شادلىنىڭلار!
5 سىلەرنىڭ مۇلايىملىقىڭلار پۈتكۈل ئىنسانغا ئايان بولسۇن؛ رەب
يېقىندۇر!
6 ھېچ ئىش توغرۇلۇق ئەندىشە قىلماڭلار؛ بەلكى ھەربىر ئىشتا
تەشەككۇر ئېيتىپ تىلەكلىرىڭلارنى خۇداغا دۇئا ھەم ئىلتىجا ئارقىلىق
مەلۇم قىلىڭلار؛ 7 شۇ چاغدا ئادەمنىڭ ئويلىغىنىدىن ئېشىپ
چۈشىدىغان، خۇدا ئىگە بولغان خاتىرجەملىك قەلبىڭلارنى ۋە ئوي-
پىكرىڭلارنى مەسىھ ئەيسادا قوغدايدۇ.
8 ئاخىرىدا، ئەي قېرىنداشلىرىم، نېمە ئىشلار ھەقىقەت، نېمە ئىشلار
ئالىيجاناب، نېمە ئىشلار ھەققانىي، نېمە ئىشلار پاك، نېمە ئىشلار
خۇش-يېقىملىق، نېمە ئىشلار شان-شۆھرەتلىك بولسا، قىسقىسى
ھەرقانداق ئىشلاردا ئەخلاق-پەزىلەت ياكى ماختاشقا لايىق تەرەپلەر

---

3:4 **«مەن سەندىنمۇ تەلەپ قىلىمەنكى، ئى ھەقىقىي ھەمبويۇنتۇرۇقلۇق خىزمەتدىشىم...»** — «ھەقىقىي ھەمبويۇنتۇرۇقلۇق خىزمەتدىشىم» پاۋلۇس بۇ ئالاھىدە ئىبارە بىلەن مەلۇم قېرىندىشىنى كۆرسىتىدۇ. پاۋلۇس ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە فىلىپپىلىقلارنىڭ ھەممىسى كىمنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. گرېك تىلىدا «ھەمبويۇنتۇرۇقلۇق (خىزمەتدىشىم)» دېگەن ئىبارە «سۈزۈگۇس» بىلەن ئىپادىلەنگەچكە، بەزى ئالىملار «سۈزۈگۇس» دېگەننى ئادەمنىڭ ئىسمى دەپ قارايدۇ.

**3:4** مىس. 32:32؛ زەب. 28:69؛ ۋەھ. 5:3؛ 12:20؛ 27:21.

**4:4** 1تېس. 16:5؛ روس.25:16.

5:4 **«سىلەرنىڭ مۇلايىملىقىڭلار پۈتكۈل ئىنسانغا ئايان بولسۇن؛ رەب يېقىندۇر!»** — «رەب يېقىندۇر» دېگەننىڭ ئىككى مەنىسى بار: (1) رەب ئەيسا ئېتىقادچىلارغا ھەردائىم يېقىن؛ (2) رەب ئەيسا يېقىن ئارىدا دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ.

**5:4** 1كور. 11:10؛ ئىبر. 25:10.

**6:4** زەب. 23:55؛ مات. 25:6؛ 1تىم. 8:6، 17؛ 1پېت. 7:5.

7:4 **«... خۇدا ئىگە بولغان خاتىرجەملىك قەلبىڭلارنى ۋە ئوي-پىكرىڭلارنى مەسىھ ئەيسادا قوغدايدۇ»** — ياكى «خۇدادىن كەلگەن خاتىرجەملىك قەلبىڭلارنى ۋە ئوي-پىكرىڭلارنى مەسىھ ئەيسادا قوغدايدۇ» — گرېك تىلىدىكى تېكىستتە «خۇدانىڭ خاتىرجەملىكى...» دېيىلىدۇ

**7:4** يۇھ. 27:14؛ رىم. 1:5؛ ئەف. 14:2.

بار بولسا، شۇ ئىشلارغا كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىڭلار.
9 مەندىن ئۆگەنگەن، قوبۇل قىلغان، ئاڭلىغان ۋە مەندە كۆرگەنلەرنىڭ
ھەرقاندىقى بولسا، سىلەر شۇلارغا ئەمەل قىلىڭلار؛ شۇنداق قىلغاندا
خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان خۇدا سىلەرگە يار بولىدۇ.
10 ئەمدى مەن رەبدە زىيادە شادلاندىمكى، سىلەر ھازىر ئاخىردا ماڭا
بولغان كۆيۈمچانلىقىڭلارنى قايتىدىن كۆرسەتتىڭلار (بىلىمەنكى،
ماڭا دائىم كۆيۈنۈپ كەلدىڭلار، ئەمما پەقەتلا كۆرسىتىش پۇرسىتى
چىقمىدى). 11 مەن بۇ گېپىمنى، بىرەر موھتاجلىقتىن ئېيتىۋاتقىنىم
يوق؛ چۈنكى ئەھۋالىم قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارىغا
قانائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم. 12 مەن ئوسال ئەھۋالدا ياشاشنى
بىلىمەن، ھەم كەڭرىچىلىكتە ياشاشنىمۇ بىلىمەن. ھەر ئىشتا،
ھەر ئەھۋالدا، ھەم توقلۇقتا ھەم ئاچلىقتا، ھەم باياشاتچىلىقتا
ھەم موھتاجلىقتا ياشاشنىڭ سىرىنى ئۆگىنىۋالدىم. 13 ماڭا قۇدرەت
بەرگۈچىگە تايىنىپ ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان بولدۇم. 14 ھالبۇكى،
مېنىڭ قىيىنچىلىقىمغا ئورتاق بولۇشۇڭلار بىلەن ياخشى قىلدىڭلار.
15 سىلەرگىمۇ مەلۇمكى، ئەي فىلىپپىلىقلار، مەن ماكېدونىيە

---

**8:4** رىم. 13:13؛ 1تېس. 3:4، 4، 5.

**9:4 «شۇنداق قىلغاندا خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان خۇدا سىلەرگە يار بولىدۇ»** — «خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان خۇدا» گرېك تىلىدا: «خاتىرجەملىكنىڭ خۇداسى» — دېمەك، خاتىرجەملىك بەرگۈچى ھەم ئۆزى ھەم ھەردائىم خاتىرجەملىكتە تۇرغۇچى خۇدادۇر.

**10:4** 2كور. 9:11.

**11:4 «مەن بۇ گېپىمنى، بىرەر موھتاجلىقتىن ئېيتىۋاتقىنىم يوق؛ چۈنكى ئەھۋالىم قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارىغا قانائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم»** — روسۇل ئۇلارنى «شادلاندىم» (10-ئايەت) دېگىنىنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ بۇ سۆزنى قىلىدۇ. شادلانغانلىقى زىنداندىكى ئاچ قالغان مەھبۇسنىڭ تاماقنى كۆرگىنىدىكى شادلىقى ئەمەس، بەلكى جامائەتنىڭ ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىكىدىن، جامائەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سادىق مۇھەببىتىدىن شادلىنىشى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ ئۇلارغا سۆزىدە: «مەن ھازىرمۇ ئىنتايىن ھاجەتمەن» دېگەندەك پۇراقنى چىقىرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**11:4** 1تىم. 6:6.

**12:4** 1كور. 4:11؛ 2كور. 11:27.

ئۆلكىسىدىن ئايرىلىپ چىققىنىمدا، خۇش خەۋەرنى باشقا يەرلەرگە
يەتكۈزگەن دەسلەپتىكى ۋاقىتلاردا، سىلەردىن باشقا ھېچقانداق
جامائەت بېرىش ۋە قوبۇل قىلىش ئىشلىرىدا مەن بىلەن ھەمكارلاش
مىغان. [16] چۈنكى تېسالونىكا شەھىرىدىكى ۋاقتىمدىمۇ ئېھتىياجىم
چۈشكەندە سىلەر ماڭا بىرنەچچە قېتىم ياردەم ئەۋەتتىڭلار. [17] مېنىڭ
بۇنداق دېيىشىم، سىلەردىن بىرەر سوۋغاتنى ئىزدەپ سورىغىنىم
ئەمەستۇر، ئىزدىگىنىم بولسا ھېساۋاتىڭلارغا روھىي مېۋىنىڭ كۆپ
توپلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر.
[18] لېكىن مەندە ھەممە نەرسە بار، ھەتتا يېتىپ ئاشقۇدەك بار؛
سىلەر ئەۋەتكەنلىرىڭلارنى ئېپافرودىتتىن تاپشۇرۇۋېلىپ تېرەمگە
سىغماي قالدىم ۋە مولچىلىقتا چۆمدۈم. بۇ ئەۋەتكىنىڭلار ئىنتايىن
خۇشبۇي، خۇداغا قوبۇل بولغۇدەك، شۇنداقلا ئۇنى خۇرسەن قىلىدىغان

---

15:4 **«سىلەرگىمۇ مەلۇمكى، ئەي فىلىپپىلىقلار، مەن ماكېدونىيە ئۆلكىسىدىن ئايرىلىپ چىققىنىمدا، خۇش خەۋەرنى باشقا يەرلەرگە يەتكۈزگەن دەسلەپتىكى ۋاقىتلاردا، سىلەردىن باشقا ھېچقانداق جامائەت بېرىش ۋە قوبۇل قىلىش ئىشلىرىدا مەن بىلەن ھەمكارلاشمىغان»** — ئايەتتىكى «...مەن ماكېدونىيە ئۆلكىسىدىن ئايرىلىپ چىققىنىمدا، خۇش خەۋەرنى باشقا يەرلەرگە يەتكۈزگەن دەسلەپتىكى ۋاقىتلاردا» دېگەن قىسمىنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... خۇش خەۋەرنىڭ سىلەرگە يەتكۈزۈلگەن دەسلەپكى كۈنلىرىدە، مەن ماكېدونىيە ئۆلكىسىدىن ئايرىلىپ چىققىنىمدا...». فىلىپپى شەھىرى بولسا ماكېدونىيە ئۆلكىسىدە؛ شۇڭا قايسى تەرجىمىسى توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پاۋلۇس خۇش خەۋەرنى فىلىپپىلىقلارغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى باشقا جايدىكىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن چىققاندى. شۇ چاغدا فىلىپپىدىكى جامائەت ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي ۋە بەلكىم باشقا جەھەتلەردە ياردەم قىلغاندى.
—پاۋلۇسنىڭ «بېرىش ۋە قوبۇل قىلىش ئىشلىرى» دېگىنى، پاۋلۇسنىڭ پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى دەپ ئۇلارنىڭ ئەۋەتكەن ياردىمىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
**15:4** 2كور. 9:11.

16:4 **«چۈنكى تېسالونىكا شەھىرىدىكى ۋاقتىمدىمۇ ئېھتىياجىم چۈشكەندە سىلەر ماڭا بىرنەچچە قېتىم ياردەم ئەۋەتتىڭلار»** — «بىرنەچچە قېتىم» گرېك تىلىدا «بىر قېتىم، ھەتتا ئىككى قېتىم...» دېگەن ئىبارە بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ. ئادەتتە بۇ ئىبارە «بىرنەچچە قېتىم» دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

**بىر قۇربانلىقتەك ئىدى. [19] ۋە مېنىڭ خۇدايىم سىلەر موھتاج بولغان ھەممە نەرسىنى مەسىھ ئەيسادا بولغان شان-شەرىپىدىكى بايلىقلارغا ئاساسەن مول تەمىنلەيدۇ.**

**[20] ئەمدى خۇدايىمىز ھەم ئاتىمىزغا ئەبەدىلئەبەدگىچە شان-شەرەپ بولغاي! ئامىن.**

**[21] مەسىھ ئەيسادا بولغان بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرگە سالام يەتكۈزۈڭلار. يېنىمدىكى قېرىنداشلاردىنمۇ سىلەرگە سالام!**

**[22] بارلىق مۇقەددەس بەندىلەردىن، بولۇپمۇ قەيسەر ئىمپېراتورنىڭ ئوردىسىدا بولغانلاردىن سىلەرگە سالام!**

**[23] رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى روھىڭلارغا يار بولغاي!**

---

18:4 **«سىلەر ئەۋەتكەنلىرىڭلارنى ئېپافرودىتتىن تاپشۇرۇۋېلىپ تېرەمگە سىغماي قالدىم ۋە مولچىلىققا چۆمدۈم»** — «تېرەمگە سىغماي قالدىم ۋە مولچىلىققا چۆمدۈم» دېگەنلىك گرېك تىلىدا بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. پاۋلۇسنىڭ بۇ سۆزى بىلەن، پەقەت جىسمانىي جەھەتتىلا ھەممە نەرسەم بار دېگەننى ئەمەس، روھىي جەھەتتىمۇ تولىمۇ خۇشال بولغانلىقىنى، تولىمۇ تەسەللى تاپقانلىقىنى، تولىمۇ غەيرەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**18:4** ئىبر. 16:13.

# قوشۇمچە سۆز

## «يېتەكچىلەر» ۋە «ئاقساقاللار» (1:1)

«يېتەكچىلەر» ۋە «ئاقساقاللار» دېگەن سۆزلەر ئوخشاش مەسئۇلىيەتتىكى ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بۇ پاكىتنى «روس.» 20:17- ۋە 28-ئايەتنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدۇ. «يېتەكچى» (گرېك تىلىدا «ئېپىسكوپ») بولسا باشقا قېرىنداشلارغا نىسبەتەن مەسئۇل ئادەمنىڭ يىراقنى كۆرەر، روھىي كۆزلىرى روشەنرەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ «ئاقساقال» بولسا مەسئۇل ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىن «چوڭ بولغان» «پىشىپ يېتىلگەن» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. «يېتەكچىلەر» ياكى «ئاقساقاللار»نىڭ رولى «جامائەتنى باشقۇرۇش» ئەمەس، بەلكى «بېقىش»، خۇددى ئالدىدا جامائەتنىڭ روھىي ئۆسۈشى ئۈچۈن مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت («1تىم» 3-باب، «تىت.» 1:5-9، «1پېت.» 1:5-7). ئاقساقاللار ياكى يېتەكچىلەرنى جامائەتتىكىلەر ئۆز ئادەملىرىدىن تاللىشى كېرەك؛ مۇمكىن بولسا بىر ئادەملا ئەمەس، بىرنەچچە ئادەم بولغىنى ياخشى. ئىنجىل دەۋرىدە بەزى جامائەتلەر «ئاقساقالسىز» قالغان بولۇشى مۇمكىن (مەسىلەن، پاۋلۇس مەزكۇر خەتتە تىلغا ئالغاندىكىدەك، «كورىنتلىقلارغا (1)» ۋە «كورىنتلىقلارغا (2)»دە «ئاقساقاللار»نى ھېچ تىلغا ئالمايدۇ؛ ئۇ بەلكى كورىنتلىقلاردىن ئۆزلىرى ئارىسىدىن سادىق ۋە مۆھەببەتلىك بولغان، خۇدانىڭ سۆزىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەرنى تونۇپ يېتىپ، ئېتىراپ قىلىشنى، شۇنىڭدەك مۇشۇنداق قېرىنداشلارنىڭ مەسلىھەت-نەسىھەتلىرىگە بويسۇنۇشنى ئۆتۈنىدۇ. «1كور.» 15:16-19نى كۆرۈڭ. ئۇ بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئالغان «ئىستىفاناس» بولسا بەلكىم ئاقساقال بولۇشقا مۇۋاپىق ئىدى؛ لېكىن جامائەتتىكىلەر ئۆزلىرى ئۇنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

## «خىزمەتچىلەر» (1:1)

جامائەتلەر مەلۇم كۆلەمگە يەتكەندىن كېيىن شۈبھىسىزكى، رەسمىي ھالدا «خىزمەتچىلەر»نى تاللىشى كېرەك بولىدۇ. خىزمەتچىلەر مەلۇم جامائەتتىكى ئەمەلىي ئىشلارغا، بولۇپمۇ خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، بۇلاردىن ھاجەتمەنلەرگە تەمىنلەش، جامائەتنىڭ پائالىيەتلىرىدە ھەرخىل ئەمەلىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇلدۇر. («روس.» 6:1-7).

## «مەسىھنىڭ كۈنى» (1:6، 10، 16:2)

«مەسىھنىڭ كۈنى» دېگەن ئىبارە پەقەت بۇ خەتتە ۋە «2تېس.» 2:2دە تېپىلىدۇ؛ لېكىن پاۋلۇس خەتلىرىدە ئۇنى نۇرغۇن قېتىم «شۇ كۈنى» دەيدۇ. «شۇ كۈنى»دە، مەسىھ بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ؛ ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈپ ئاندىن «زېمىندا تىرىك قالغان» ھەم «ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلگەن» ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسىنى، دېمەك پۈتكۈل جامائەتنى ئۆزىگە ئالىدۇ؛ جامائەتتىكىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ قىلغانلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەربىرىدىن ھەرقانداق نالايىق ئىشنى تاۋلاپ تازىلىغاندىن كېيىن، جامائەتنى ئۆزىگە ياتلىق «پاك قىز» سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، جامائەت مەسىھتىن ھېچقاچان ئايرىلمايدۇ.

تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر كۆپ قېتىم «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نى تىلغا ئالىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئىبارە شۈبھىسىزكى، دەل «مەسىھنىڭ كۈنى»نى كۆرسىتىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا «مەسىھنىڭ كۈنى»نىڭ ئالدىدا كېلىدىغان دەھشەتلىك جاپالىق مەزگىلنى (ئاخىرقى زاماننى)مۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەۋرات، «دانىيال»دا ۋە ئىنجىل، «ۋەھىي»دە بۇ مەزگىلنىڭ يەتتە يىل ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ.

مۇشۇ يەردە تەپسىلىي ھالدا بۇ مەزگىلدىكى ئىشلار توغرۇلۇق بېشارەتلەر ھەققىدە شەرھ بەرمەيمىز؛ پەقەت شۇنى بايان قىلىمىزكى، بۇ يەتتە يىللىق مەزگىلدە ھەم «مەسىھنىڭ كۈنى»نىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا قارشى چىققانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلىدۇ. مەسىھ يەر يۈزىدە، يېرۇسالېم مەركەز قىلىنغان مىڭ يىللىق سەلتەنەتنى قۇرىدۇ؛ شۇ مەزگىلدە شەيتان باغلىنىپ تاقاقلىق بولىدۇ. مىڭ يىللىق سەلتەنەتنىڭ ئاخىرىدا:

(ئا) شەيتان يەر يۈزىدىكىلەرنى يەنە سىناشقا ۋاقىتلىق قويۇلىدۇ؛
(ئە) خۇدانىڭ ھۆكۈم جازاسى «كونا زېمىن»غا ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ؛
(ب) مەسىھكە ئىشەنمەي ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ سورىقى ئالدىدا تۇرۇشقا ئۆلۈمدىن تىرىلىدۇ؛ ئىنسانلارغا نىسبەتەن «ئىككىنچى ئۆلۈم»، يەنى دوزاخ شۇ ۋاقىتتا باشلىنىدۇ.
(پ) خۇدا «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن» يارىتىدۇ.

بۇ ئىشلار توغرۇلۇق «ۋەھ.» 6:19-8:21نى كۆرۈڭ. بەزى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ بۇ «مىڭ يىللىق سەلتەنەت»نى مەسىھنىڭ جامائەتتە ھازىر بولغان سەلتەنىتىنىڭ «سىمۋولى» دەپ قارايدۇ؛ لېكىن ئۆزىمىز ئاددىي خەلق بولغاچقا، مەلۇم بىر مەزگىللىك ۋاقىتنى قانداقمۇ «سىمۋوللۇق» دېگىلى بولىدۇ، دەپ ھېچ چۈشىنەلمەيمىز؛ ۋە يەنە ھازىر قانداق جەھەتتىن شەيتاننى «باغلىنىپ تاقاقلىق بولغان» دېگەننى كاللىمىزدىن ھېچ ئۆتكۈزەلمەيمىز. شەيتان ھازىرقى زامانىمىزدا ئىنتايىن كۆپ ھەرىكەت قىلماقتا ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن «ۋەھىي» ۋە «دانىيال»دىكى سۆزلەرنى ئاددىي مەنىسىدە چۈشىنىپ يۈرۈۋېرىمىز.

## «نىجات-قۇتقۇزۇش» ـ ھەقىقىي بىر تەبىر (1:19-20)

«چۈنكى دۇئالىرىڭلار ۋە مەسىھ ئەيسانىڭ روھىنىڭ قۇۋۋەتلىشى ئارقىلىق بۇ ئىشلار نىجات-قۇتقۇزۇلۇشۇمغا مەدەت بولىدۇ دەپ بىلىمەن، ــ دېمەك، تەقەززالىقىم ۋە ئۈمىد-ئىستىكىم بويىچە ھېچ ئىشتا خىجالەتچىلىكتە قالماستىن، تىرىك ياكى ئۆلۈك بولاي، ھەردائىم بولغىنىدەك ھازىرمۇ تولۇق جاسارەت بىلەن مەسىھ تېنىمدە ئۇلۇغلانسۇن!»

بەزى ئالىملار پاۋلۇسنىڭ «بۇ ئىشلار نىجات-قۇتقۇزۇلۇشۇمغا مەدەت بولىدۇ» دېگەن بۇ سۆزنى زىنداندىن ئازاد قىلىنىشى ياكى سوتتا ئاقلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. كېيىنكى پىكىرگە سەل قايىل بولغىنىمىز بىلەن، تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەر ئىككى كۆزقاراش ئەمەلىيەتكە تولۇق ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ ئويلايمىز: —
(ئا) «بۇ ئىشلار» دېگىنى شۈبھىسىزكى، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىشلارنى، يەنى بەزى قېرىنداشلارنىڭ «توغرا نىيەتتىن بولسۇن ياكى ساختىلىقتىن بولسۇن، ئوخشاشلا

مەسىھنى جاكارلىشى»دىن ئىبارەت ئىدى.
(ئە) «بۇ ئىشلار» بىلەن ئۇنىڭ زىنداندىن ئازاد قىلىنىشىنىڭ مەنتىقە جەھەتتىن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتۇر.
(ب) «مەسىھ ئەيسانىڭ روھىنىڭ قۇۋۋەتلىشى» بولسا چوقۇم پاۋلۇس قىيىن ئەھۋالدا تۇرغىنىدا ئۆز روھىدا بولغان ھاجىتىنى تولدۇرۇش، شۇ قىيىن ئەھۋال ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق «روھىي غەلىبە» ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ ئۇنى رىمدىكى مەلۇم بىر زىنداندىن چىقىرىشىدىن زىيادە ئۇلۇغ بىر ئىشتۇر. خۇدا ئۆز ئادەمنى زىنداندىن چىقىرىشنى خالىسا، پەقەت بىر پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ ئىشكلەرنى ئاچقۇزسىلا بولىدى (مەسىلەن، «روس.» 9-بابنى كۆرۈڭ).
(پ) بۇ 19-20-ئايەتلەردە ۋە تۆۋەندىكى ئايەتلەردە پاۋلۇسقا نىسبەتەن ئۆلۈمنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار، ئۇ بۇ مۇمكىنچىلىك ئۈستىدە كۆپ ئويلايدۇ. «ئۆلۈم» بولسا «ئازاد قىلىنىش» ياكى «ئاقلىنىش» ئەمەستۇر.
شۇڭا بۇ 19-20-ئايەتلەرنىڭ توغرا چۈشەنچىسىنى ئىنتايىن ئاددىي دەپ قارايمىز. پاۋلۇسنىڭ ئەڭ زور كۆڭۈل قويغىنى ئازاد قىلىنىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ رىمدىكى دەھشەتلىك ئەمەلدارلار ئالدىدا، بولۇپمۇ مۇستەبىت ئىمپېراتور قەيسەر نىرو ئالدىدا مەسىھنىڭ خەۋىرىنى تولۇق جار قىلىشتىن قىلچە قول ئۈزمەسلىكىدىن ئىبارەت ئىدى (يەنە «ئەف.» 6:19-20نى كۆرۈڭ. ئاخىر بىرىپ پاۋلۇس دەرۋەقە قەيسەرنىڭ ئالدىدا جاسارەتلىك بىلەن مەسىھنى تولۇق جار قىلدى («تىموتىيغا (2)» 17:4). دېمەك، «تىرىك ياكى ئۆلۈك بولاي، ھەر دائىم بولغىنىدەك ھازىرمۇ تولۇق جاسارەت بىلەن مەسىھ تېنىمدە ئۇلۇغلانسۇن!» (20). «تىرىك ياكى ئۆلۈك بولۇش» ئۇنىڭغا نىسبەتەن كارى چاغلىق. مۇھىم ئىش شۇكى، ئۇنىڭدا ھازىر بولغان «نىجات-قۇتقۇزۇش» ئارقىلىق مەسىھنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ «ئازاد قىلىنىش»ى ئەمەس، بەلكى مەسىھنى ئۇلۇغلاش ئۇنىڭ «تەقەززالىقى ۋە ئۈمىد-ئىستىكى» ئىدى. ئۇ بۇ ئۈمىد-ئىستەكنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، «ھايات-مامات» ئىشلىرى (دۇنيادىن ئايرىلىپ مەسىھ بىلەن بىللە بولۇش كېرەكمۇ، ياكى قېرىنداشلار ئۈچۈن تەندە قېلىش كېرەكمۇ؟) ئۈستىدە يەنە ئويلىنىپ، ئۆزىنىڭ زىنداندىن چىقىرىلىپ، سۆيۈملۈك فىلىپپىدىكىلەرگە قايتىدىن ھەمراھ بولۇشنى مۇۋاپىق دەپ، شۇنىڭغا باغلىغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈردى.

«نىجات-قۇتقۇزۇش» ئەمدى پەقەت گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى (ئۆتكەن ئىشلارغا باغلىق) ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ۋاقىتتا: —

(ئا) گۇناھنىڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلىنىش

(ئە) يېڭى ھايات — «خۇدانىڭ سۈرىتىدە» يېڭىلىنىپ، شەخسىيەتچىلىك ئاسارەتلىرىدىن ئازاد قىلىنىپ، مەسىھكە باغلىنىپ ھايات ئۆتكۈزۈپ، كۆڭلىدە تاۋلىنىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش شەكىللەندۈرۈلۈشتۇر.

دائىم كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز شۇبھىسىزكى، قۇتقۇزۇلۇشىمىزنىڭ نىمىدىن قۇتقۇزۇلۇش ئىكەنلىكى، يەنى گۇناھتىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ ياكى دوزاختىنمۇ؛ بۇلاردىن قۇتقۇزۇلۇش دەرۋەقە ئۇلۇغ ئىشلار بولغىنى بىلەن، قۇتقۇزۇلۇشنىڭ نىشانى ئۇلاردىن مۇھىمدۇر؛ يەنى، مەسىھكە باغلىنىش، يېڭى ئادەم بولۇش ۋە خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى ئايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ، خۇدانىڭ بىزنى قۇتقۇزۇشىدا بولغان مەقسىتىدۇر!

مېنىڭمۇ مەقسىتىم تۆۋەندىكىدەك؟ —

«تىرىك ياكى ئۆلۈك بولاي، ھەر دائىم بولغىنىدەك ھازىرمۇ تولۇق جاسارەت بىلەن مەسىھ تېنىمدە ئۇلۇغلانسۇن!»

نىجات دېگەن ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىندۇر!

## پاۋلۇسنىڭ تۈرمىدىن قايتا چىققانلىقى (1:21-26)

پاۋلۇس بۇ ئايەتلەردە «دۇنيادىن ئايرىلىش» (يەنى ئۇنىڭ ئىنتىزارى بويىچە، مەسىھ بىلەن بىللە بولۇش) ۋە (مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ ياردىمىدە بولۇش ئۈچۈن) «تەندە قېلىش» دېگەن ئىككى ئېھتىماللىق ئۈستىدە پۈختا ئويلانغاندىن كېيىن، «تەندە قالىمەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىنىڭ فىلىپپىدىكى جامائەتكە يەنە ھەمراھ بولىدىغانلىقىغا باغلىغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈرىدۇ (1:26، 2:24). ئۇ «فىلېمون»غا يازغان خەتتە ئوخشاش ئىشەنچنى بىلدۈرىدۇ («فلم.» 22). بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، «رىملىقلارغا» يازغان خەتتىمۇ، ئۇلارغا: «ئىسپانىيەگە خۇش خەۋەر تارقىتىش ئۈچۈن بارىدىغان سەپىرىمدە، سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتىمەن» دېگەن مەقسىتىنى بىلدۈرگەنىدى. بىز ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى ئۆزگەرتكەن، دېگەننى ئويلاشقا ئاساسىمىز يوق؛ ئاسىيادىكى جامائەتلەردە ساقلىنىپ كەلگەن تارىخلارغا ئاساسەن،

تەخمىنەن مىلادىيە 66-يىلىدا پاۋلۇس دەرۋەقە ئىسپانىيەگە بېرىپ شۇ يەردە خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان.

بۇ خەت مىلادىيە 63-يىلىدا يېزىلغان ئوخشايدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئۇنىڭ خەتتە بىلدۈرگەن ئىشەنچى بويىچە زىنداندىن ئازاد قىلىندى، ۋە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يەنە رىمدا قاماپ قويۇلدى. ئۇنىڭ روسۇل تىموتىيغا يازغان بىرىنچى خېتى ۋە روسۇل تىتۇسقا يازغان خېتى فىلىپپى شەھىرى ئەتراپىدا يېزىلغان ئوخشايدۇ («1تىم» 3:1، «تىت.» 12:3). پاۋلۇسنىڭ روسۇل تىموتىيغا يازغان ئىككىنچى خېتى (زىنداندىن يازغان بەشىنچى خېتى) مىلادىيە 68-يىلىدا يېزىلغان بولۇشى كېرەك. رىم شەھرىدە ساقلانغان بەزى تارىخلارغا ئاساسەن، شۇ چاغدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ رىمنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ئىمپېراتورى بولغان قەيسەر نېرو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## مەسىھنىڭ «ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىشى» (7:2)

### «ئۇ ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىدى»

شۈبھىسىزكى، مۇقەددەس كىتابنىڭ بارلىق باياناتلىرى ئىچىدە بۇ ئەڭ سىرلىق بولۇپ، بىزگە يېگانە ئويى، يېگانە ئىزدىنىش، چوڭقۇر بىلىم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىشكە بىپايان يېقى زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ؛ بۇ بايان بىزگە مەسىھ ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى توغرۇلۇق ئەڭ چوڭقۇر ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەيسا چۆل-باياۋاندا قىرىق كۈن روزا تۇتقاندا (ھېچنېمە يېمىگەن) شەيتان ئۇنى ئازدۇرماقچى بولغان ۋەقەدىن بىز بەلكىم بۇ باياننىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئازراق چۈشىنەلەيمىز: —

شەيتان: — «سەن ئەگەر راستتىنلا خۇدانىڭ ئوغلى بولساڭ، مۇشۇ تاشقا: «نانغا ئايلان!» دەپ بۇيرۇغىن» — دېدى. (ئەيسا ئىنتايىن ئاچ قالغان ئىدى، ئەلۋەتتە).

ئۇنىڭ جاۋابى نېمە بولدى؟ قىرىق كۈن ئىلگىرى، ئاسماندىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ: «مانا بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغانىدى. لېكىن ھازىر مەسىھنىڭ شەيتانغا بەرگەن ئۇلۇغ جاۋابى: —

«بولمايدۇ! چۈنكى تەۋراتتا يېزىلغان: «ئىنسان پەقەت نان بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆز بىلەنمۇ ياشىشى كېرەك!».

شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز مۇمكىنكى، ئەيسا مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ھېچ تالاش-تارتىش قىلمايدۇ. ئۇ دەرۋەقە بۇنى ئوبدان بىلىدۇ، شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇش سۆزلىرىدىن قارىغاندا شەيتانمۇ بۇنى ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن مەسىھ ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنى ئىنسانىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ. ئۇ ئىنسانلارغا نىجات ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىنسان سۈپىتىدە كەلدى؛ پەقەت مۇكەممەل بىر ئىنسانلا ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن مۇكەممەل بىر قۇربانلىق بولۇپ، تۇنجى ئىنسان بولغان ئادەمئاتىمىز ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، ئىنسانىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيتتى. مەسىھ نەقىل كەلتۈرگەن سۆزلەردە، يەنى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىدە كۆرسىتىلگەندەك، ئىنسانىنىڭ ئالەمدە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئورنى خۇداغا مۇكەممەل بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى قوبۇل قىلغان ھالدا ياشىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

پاۋلۇسنىڭ «ئۇ ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىدى» دېگەن سۆزلىرىگە ئاساسەن، بىز ئۇنىڭ خۇدالىق تەبىئىتى بويىچە، دەرۋەقە بىر سۆز بىلەنلا «تاشلارنى نانغا ئايلاندۇرۇش» قۇدرىتى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇشۇ قۇدرىتىنى ئىشقا سالماسلىقنى قارار قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

كېيىن، ئۇ گېتسىمانە باغچىسىدا قولغا ئېلىنغاندا، ئۇنى قولغا ئالغانلارنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا كۈچى يېتەمتى؟ ئۇ ئۇلاردىن «سىلەر ناسارەتلىك («ناسارەت» مەسىھنىڭ يۇرتى) ئەيسانى ئىزدەۋاتامسىلەر» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى؛ ئۇ ئۇلارغا پەقەت: «مەن بولىمەن» (ياكى «مەن ئۆزۈمدۇرمەن») دەپ جاۋاب بەرگەندە، نېمە ئىش يۈز بەردى؟

مەسىھ ئۇلاردىن: «— كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— ناسارەتلىك ئەيسانى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.
ئەيسا ئۇلارغا:
— مانا مەن بولىمەن، — دېدى...
ئەيسا: «مانا مەن بولىمەن» دېيىۋىدى، ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ يەرگە يىقىلىشتى» («يۇھ.» 18:5-6).

زور كۈچ-قۇدرەت زادى كىمدە؟ لېكىن بىلىمىزكى، ئەيسا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قولغا ئېلىپ، دەررىلەپ، مەسخىرە قىلىپ ئاندىن ئاخىردا كرېستكە مىخلىشىغا يول قويىدى. بۇ ئۇنىڭ ئەتەي تاللىۋالغان يولىدۇر. ئۇ ئىنسانىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ سۈپىتىدە ئازاب تارتىپ ئۆلمەكچى بولغانىدى. ئۆزى بېشارەت بەرگەندەك، ئۇنىڭ بۇ تاللىۋالغان يولى

مۆخلىسلىرىنىڭ بېشىنى قاتتىق قاتۇرۇپ، ئۇلارنى ئالاقزادىلىككە، پاتپاراقچىلىققا، ھەتتا ئىشەنچسىزلىككە چۆمدۈرۈپ قويىدى. باشقىلارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى قانداقمۇ ئۆزى ئۆلۈمگە تەسلىم بولسۇن؟

ئىشىنىمىزكى، ئەيسا مەسىھ دۇنياغا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئىنساننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىنسان بولۇش قارارىغا كەلگەن؛ يەنى، ئىنسان سۈپىتىدە تۇغۇلۇپ، ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى بولۇشتىن ئىگە بولغان غايەت زور كۈچ-قۇدرىتىنى ھېچ ئىشلەتمەي مۇكەممەل، تولۇق ئىنسان بولۇپ ياشاشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياراتقان مۆجىزىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى پەيغەمبەرلەرنىڭكىلەرگە ئوخشاش يول بىلەن ياراتقان، يەنى ئاتىسىنىڭ روھىغا تايىنىپ ياراتقان. مەسىلەن: —

«مەن خۇدانىڭ روھىغا تايىنىپ جىنلارنى قوغلىغان بولسام، ئۇنداقتا خۇدانىڭ پادىشاھلىقى دەرۋەقە ئۈستۈڭلارغا چۈشۈپ نامايان بولدى» («مات.» 28:12).

ھالبۇكى، مەسىھنىڭ «ئىنسان يولى»نى تۇتۇشتىن باشقا تۇتقان يەنە بەزى ئالاھىدە يوللىرىمۇ باردۇر؛ يەنى مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خۇدالىق كۈچ-قۇدرىتىنى ئىشلەتكەن يەرلەر بار. (مەسىلەن «مات.» 28:9، «يۇھ.» 2:1-11، بولۇپمۇ 11-ئايەتنى كۆرۈڭ؛ يەنە «يۇھ.» 17:10-18نى كۆرۈڭ: -

«ئاتا مېنى شۇ سەۋەبتىن سۆيىدۇكى، مەن جېنىمنى قايتۇرۇۋېلىشىم ئۈچۈن ئۇنى پىدا قىلىمەن. جېنىمنى ھېچكىم مەندىن ئالالمايدۇ، مەن ئۇنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن پىدا قىلىمەن. مەن ئۇنى پىدا قىلىشقا ھوقۇقلۇقمەن ۋە شۇنداقلا ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ ھوقۇقلۇقمەن؛ بۇ ئەمرنى ئاتامدىن تاپشۇرۇۋالغانمەن» («يۇھ.» 17:10-18).

مۇشۇ يەردە مەسىھ ئۆزىنىڭ خۇدالىق كۈچ-قۇدرىتىنى ئىشلىتىدۇ. ھېچكىمنىڭ ئۆزىنىڭ جېنىنى بېرىش-بەرمەسلىك توغرىسىدا (يەنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ۋاقتى-سائىتى توغرىسىدا) كۈچ-ھوقۇقى يوقتۇر، ئەلۋەتتە؛ ۋە شۇنداقلا ھېچكىمنىڭ ئۆز جېنىنى ئۆلۈمدىن ئېلىپ، ئۆزىنى تىرىلدۈرۈش كۈچ-ھوقۇقى يوقتۇر. بىراق بىز شۇنى كۆرىمىزكى، بۇ ئىش ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىدىن ئەمەس، بەلكى ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىدى. ئىشىنىمىزكى، ئوقۇرمەنلەر مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئوخشاشلا «ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن» بولغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

ئەيسانىڭ بالىلىق دەۋرى توغرۇلۇق بىز مۇنداق ئاڭلايمىز: —
«ئەيسا بولسا ئۆسۈپ، دانا-ئاقىلانىلىك بىلەن تولۇپ، روھتا كۈچلەندۈرۈلدى، خۇدانىڭ مېهىر-شەپقىتىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى»
(«لۇقا» 2:40).
«شۇنداق قىلىپ، ئەيسا ئاقىلانىلىك-دانالىقتا ۋە قامەتتە يېتىلىپ، خۇدا ۋە كىشىلەر ئالدىدا بارغانسېرى سۆيۈلمەكتە ئىدى» («لۇقا» 2:52).
ئەگەر خۇدانىڭ ئوغلى ئادەملەر ئارىسىدا تۇغۇلغاندا، ئۆزىنىڭ دۇنيالارنى ياراتقاندا ئىشلەتكەن پاراستى ھەم دانالىقىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا يۇقىرىدىكى بايانلار ئىنجىلدا قەيت قىلىنمىغان بولاتتى. شۇنداق بولغاندا ئۇنى قانداقمۇ «ئۇ ئۆگەندى» دېگىلى بولاتتى؟ «ئۆگىنىش»نىڭ نېمە ھاجىتى؟ «ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستى» قانداق «يېتىلدى»؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ئۇنىڭ خېلى بۇرۇن قىلغان قارارىنى تەكىتلەيدۇ: «مەن ئىنسان بولىمەن!».
«ئۇ ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىدى». ئۇ شۇنداق قىلمىغان بولسا، ھەممىمىز تېخىچە گۇناھنىڭ ئىلكىدە يۈرەتتۇق. شان-شەرەپ خۇداغا بولغاي!
بۇ ئۇلۇغ تېما ئۈستىدە دېيىدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىمىز باردۇر؛ ئەمما مۇشۇ ھازىر دېگەنلىرىمىزنى ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئۈچۈن بۇ چەكسىز سىر ئىچىگە چالا-پۇچۇق كىرىشكە شارائىت يارىتىپ بېرەر دەپ ئۈمىدتە بولىمىز.

## خەتنە توغرۇلۇق (3:1-3)

(بىزنىڭ تۆۋەندىكى بەزى سۆزلىرىمىز «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىن ئېلىنغان)

## خەتنە (سۈننەت) قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

ئوقۇرمەنلەر ئېسىگە كەلتۈرەلەيدۇكى، خۇدا ئىبراھىمنى بۇتپەرەسلىكنى تاشلاشقا، ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ باشقا ناتونۇش زېمىنغا سەپەر قىلىشقا چاقىرغىنىدا، ئۇ ئىشەنچ-ئېتىقاد بىلەن ئىتائەت قىلدى؛ خۇدا ئۇنى پەلەستىن زېمىنغا يېتەكلىدى. شۇ يەردە ئۇنىڭ ئېتىقادى بىلەن خۇدا ئۇنى ئۆز نەزىرى ئالدىدا «ھەققانىي ئادەم» دەپ جاكارلىدى.

ئۇنىڭ ئېتىقادىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە «خۇدانىڭ ئادىمى» بولغانلىقىغا بەلگە بولۇشقا، خۇدا ئۇنىڭغا خەتنە بەلگىسىنى ئاتا قىلدى. بۇ بەلگە ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان يەھۇدىيلارغا، ئۆزلىرىنىڭ خۇدانىڭ ئالاھىدە خەلقى بولغانلىقىنى دۇنياغا كۆرسىتىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان («يار.» 18-باب). ئەتراپىدىكى باشقا ئەل-يۇرتلاردىكىلەر خەتنە قىلمىغاچقا بۇ ئىنتايىن ئېنىق بىر بەلگە ئىدى. ھەم يەھۇدىيلار ۋە ئەرەبلەرمۇ (ھەممىسى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىدى) بۈگۈنگە قەدەر خەتنە قىلىپ كەلگەن.

ئىنجىل مۇشۇ ئىش-ۋەقەلەر ئۈستىدە شۇنداق شەرھ بېرىدۇ: — خۇدانىڭ خەتنىدە بولغان تۈپ مەقستى، ئۇنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ مۇھىم بىر خەتنىگە بىرخىل بېشارەت بولۇشىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ روھىي خەتنە خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق ھەممە ئىنسانلارغا ئەمدى سۇنىدىغان نىجاتىدا ئايان قىلىنىدۇ. تەۋرات دەۋرىدە، خەتنىدە تەندىن ئەتنىڭ كېسىلىشى، كەلگۈسى ئىنجىل دەۋرىدە تەندە بولغان گۇناھ ئاسارەتلىرىنىڭ ۋە بۇ دۇنيادىكى ھوقۇق، ئابرۇي ۋە پۇلغا تايىنىشلارنىڭ كېسىپ تاشلىنىدىغان «روھىي خەتنە»نى كۆرسىتىپ ئەسىرمۇ-ئەسىر بېشارەت بېرىپ كەلدى. پەقەت روھى ۋە قەلبى «خەتنە قىلىنىپ» گۇناھ ئاسارەتلىرىدىن ئازاد بولسىلا، ئاندىن ئىنسان خۇداغا «روھتا ۋە ھەقىقەتتە» ھەقىقىي ئىبادەت قىلىدىغان بولىدۇ («فىلىپپىلىلىقلارغا» 3:3، ۋە «كول.» 11:2-12، «رىم.» 9:4-12، «گال.» 1:5-15، «يۇھ.» 23:4-24نىمۇ كۆرۈڭ). قەلب ۋە روھنى خالاس قىلىپ ئادەمنى خۇداغا ئەمەلىي ئىبادەت قىلغۇچى قىلىش، خۇدانىڭ مەسىھتە بولغان نىجاتىنى قوبۇل قىلغان ھەربىرى ئۈچۈن ئۆز روھى بىلەن يارىتىدىغان بىر مۆجىزىسىدۇر.

پاۋلۇسنىڭ دەۋرىدە ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر (كۆپىنچىسى تەلىم بەرگۈچى يەھۇدىيلار) بار ئىدى؛ ئۇلار ئېتىقادچىلار گۇناھدىن قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى مەسىھكە تاپشۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈننەت قوبۇل قىلىشىمۇ كېرەك، دەپ تەلىم بېرەتتى. پاۋلۇس بۇ خەتنە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ «تىلىم-تىلىم كەسكۈچىلەر» دېگەن نامنى قويىدۇ (2:3)؛ ئۇلار خەقنىڭ يېڭى قەلبلەرنى قوبۇل قىلىشىغا ئەمەس، بەلكى پەقەت «ئۇلارنىڭ ئەتلىرىنى كېسىش»كىلا قىزىقاتتى.

خەتنىنىڭ ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە مەلۇم پايدىلىق يەرلىرى بار، ۋە شۇ سەۋەبتىن غەربتىكى مەملىكەتلەردە ئېتىقادلىق ھەم ئېتىقادسىز كىشلەر ئۆز ئوغۇللىرىنى خەتنە قىلسىمۇ، بۇ دەۋردە ھېچكىم بۇ يولدا ھېچقانداق روھىي بەخت-بەرىكەتكە

ئېرىشەلمەيدۇ؛ مەڭگۈلۈك ھاياتقا نىسبەتەن جىسمانىي خەتنىنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى يوقتۇر؛ بىراق «روھىي خەتنە»نى قوبۇل قىلمىغان ھېچكىم خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرمەيدۇ.

## مەسىھنىڭ ئازابلىرىغا بولغان سىرداش-ھەمدەملىك (10:3)

چۈشىنىپ يېتىشىمىزچە بۇ ئىبارىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولغان ئۈچ مەنىسى بار: —

(ئا) ئېتىقادچىلار مەسىھنىڭ يولىدا ھەرقانداق ئازاب-ئوقۇبەتنى تارتقاندا، شۇ چاغدا ئۇلاردا ئۆزلىرىنى ئالاھىدە رىغبەتلەيدىغان ھەم كۈچەيتىدىغان، مەسىھ بىلەن بىرخىل ئورتاقلىق ياكى سىرداش-ھەمدەملىك بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتكە قىل سىغمايدۇ — «2كور.» 3:1-7نى كۆرۈڭ.

(ئە) مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئىنسانىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنىڭ بەدىلى بولغاندەك، ئازاد قىلىنىشنىڭ خەۋىرى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىقمۇ تارقىتىلىدۇ. ھەركىم ئىنجىلدىكى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نى ئوقۇسىلا بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ (مۇنداق دېگىنىمىز، خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى مەسىھنىڭ گۇناھنى يۇيۇش ئۈچۈن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغۇچىلىكى بار، دېمەكچى ئەمەسمىز، ئەلۋەتتە). نىجاتنىڭ شېرىنلىكىنى تېتىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى، ئۆز ئېلىدىكىلىرى ھەتتا باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ بۇ بەخت-بەرىكەتلەرگە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا، شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇ ھەرخىل ئۇقۇشماسلىقلار، چەتكە قېقىشلار ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ باشقا قىيىن ئىشلارغا يۈزلىنىشكە تەييار بولۇشى كېرەك؛ ئۇ يەنە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ يولنى تاللىشى كېرەك. ھېچ بولمىغاندا «مەسىھ ئۆزىنى خۇش قىلىشنى ئويلىمىغاندەك» («رىم.» 3:15) ئۆز زوقلىرى، خۇشلۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار بولۇشى كېرەك. بۇ يولدا، يەنى مەسىھ ماڭغان يولدا، مەسىھنىڭ باشقىلارنى ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان يولدا ماڭغانلار ئۈچۈنمۇ مەسىھ بىلەن بىللە بولغان بىرخىل ئالاھىدە ئورتاقلىق ياكى سىرداش-ھەمدەملىك بار. «كول.» 24:1-25-ئايەتلەردە بۇ خىل ئورتاقلىق كۆرسىتىلىدۇ، ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆۋەندىكى ئۈچىنچى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

(ب) مەسىھ ئۆز جامائىتى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا («رىم.» 34:8) ئۇ بىز ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ؛ چۈنكى بىزدە ھەرقانداق ئىشەنچسىزلىك، ئەخمىقانىلىك ياكى ئىتائەتسىزلىك بار بولسا، بۇ ئۇنىڭغا ۋە مۇقەددەس روھقا ئازار بېرىدۇ («ئەف.» 30:4). بىز تېخى مەسىھنى تونۇمىغان ۋاقىتلىرىمىزدىمۇ ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەتلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى جامائەت ئۈچۈن بولسۇن، ياكى ئىشەنمىگۈچىلەر ئۈچۈن بولسۇن مۇشۇنداق دۇئا-تىلاۋەتلەرنىڭ ئازابى بولىدۇ. خۇداغا روھتا يېقىنلاشقانلار، بولۇپمۇ دۇئا-تىلاۋەتلەردە كۆپ ۋاقىت بولغانلار مەسىھنىڭ مۇشۇ ئازابلىرىغا سىرداش بولماي قالمايدۇ، شۇنداقلا ئۆزلىرىمۇ ئازابلانماي قالمايدۇ. «يار.» 17:18نى كۆرۈڭ. شۇ يەردە خۇدا ئىبراھىمنى ئۆزىگە ئۆزىنىڭ سودوم ۋە گومورراھ شەھەرلىرى ئۈستىدىن ئازابلانغانلىقى توغرۇلۇق سىرداش قىلىدۇ: — «ئۇلارنىڭ گۇناھى ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئازابلىقتۇر» (20). ئىبراھىمنىڭ بۇ سۆزلەر ۋەجىدىن قىلغان دۇئاسىنى كۆرۈڭ («يار.» 17:18-33).

ئىشىنىمىزكى، بۇ ئۈچ جەھەتنىڭ ھەربىرى پاۋلۇس كۆرسەتكەن «مەسىھنىڭ ئازابلىرىغا سىرداش-ھەمدەملىك»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە ئادەملەر مەسىھنىڭ «تىرىلىشىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدە» ياشاشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن «مەسىھنىڭ ئازابلىرىغا سىرداش-ھەمدەملىك»تە بولىدۇ، دەپ كۆرسەتسەك خاتا بولمايدۇ. بىزدە ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرەت بېرىدىغان «تىرىلىش ھاياتى» بولمىسا ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆتۈرۈشكە تەييار بولالمايمىز!

## «مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن بولغانلار» (18:3)

مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن بولۇش زادى نېمە گەپ؟

ئەمەلىيەتتە بولسا «مەسىھنىڭ كرېستى» ئۇ مىخلىنىپ ئۆلگەن دەل شۇ پارچە ياغاچ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كرېستلىنىپ بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ۋە كرېستتە بولغان ئۆلۈمىنى كۆرسىتىدۇ.

«مەسىھنىڭ كرېستى»، يەنى ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن تارتقان ئازابلىرى نىجاتىمىزنىڭ مەنبەسى بولۇپ خۇش خەۋەرنىڭ مېغىزىدۇر. كرېستكە مىخلانغاندا مەسىھ (ئا) بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان؛ (ئە) گۇناھكار تەبىئىتىمىزنى بىر تەرەپ قىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن يېڭى تەبىئەت، يەنى ئۇنىڭ ھاياتىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولدۇق.

بۇ خۇش خەۋەرنىڭ مېغىزىغا زىت ياكى باشقىچە تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ ھەرقايسىسى بولسا «مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن» ھېسابلىنىپ، ئىككى ھەسسىلەپ لەنەت ئاستىدا قالىدۇ؛ بېشىغا پەقەت ئۆز گۇناھلىرىنىڭ لەنىتىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى نىجات يولىدىن بۇرىغانلارغا تېگىشلىك لەنەتمۇ چۈشىدۇ.

پاۋلۇس «مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن بولغانلار» دېگەن ئىبارە ئارقىلىق مەلۇم بىرخىل ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنى ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقلار تەلىمىدە «مەسىھنىڭ كرېستى»نى تىلغا ئالغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەسىھنىڭ نىجات يولىنى بۇرمىلايدۇ. باشقىلارغا بۇتلارغا باش ئۇرۇشنى ئۆگىتىدىغان ھەرقانداق ئادەمنى بولسا «مەسىھنىڭ كرېستىگە دۈشمەن بولغان» دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن مۇنداق ئادەمنىڭ خاتا يولى بولسا مەسىھنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بەزى ئالدامچى تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭكىگە قارىغاندا، ئانچە ئەيىبلىك بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئالدامچىلارنىڭ تەلىملىرى ھەردائىم: «مەسىھنىڭ كرېستى بولسا دەرۋەقە ئۇنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەلىدۇر، شۇنداقلا بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا كىرىشىمىزدىكى ئىشىكتۇر، لېكىن...» دېگەن شەكىلدە پەيدا بولىدۇ.

«مەسىھنىڭ كرېستى نىجات يولىنىڭ باشلىنىشى، لېكىن...»

«... لېكىن سىلەر سۈننەت قىلىنىشىڭلار كېرەك...»

«... لېكىن سىلەر بىزنىڭ جامائىتىمىزگە قاتنىشىشىڭلار كېرەك...»

«... لېكىن سىلەر شەمبە كۈنى ئىشلىمەسلىكىڭلار كېرەك...»

«... لېكىن سىلەر بىزنىڭ تەلىم بەرگۈچىمىزگە سەدىقە تاپشۇرۇشىڭلار كېرەك...»

«... لېكىن سىلەر خۇدانىڭ نامى ۋە مەسىھنىڭ نامىنى مۇشۇنداق يولدا، مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا ئېيتىشىڭلار كېرەك...»

«... لېكىن سىلەر ئۇنى-بۇنى يېمەسلىكىڭلار كېرەك....» قاتارلىقلار، قاتارلىقلار، ۋەھاكازالار...

بۇنداق دېگۈچىلەر باشقىلار تەرىپىدىن ئالدانغان بولسۇن ياكى قەستەن ئالدامچىلىق قىلغان بولسۇن، ئوخشاشلا ئالدامچىلىق بىلەن مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن بولغانلار ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر خۇدانىڭ جازاسىغا ئىنتايىن يېقىن تۇرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ يېنىدىكى مۇقەددەس كىتاب بولسا تېخىمۇ شۇنداق.

كىمكى مەسىھ كرېستتە ئەمەلگە ئاشۇرغان نىجاتقا ئىنسان تەرىپىدىن قىلىنغان ئەمەلنى ياكى ئاتالمىش «ساۋابلىق ئىش»نى قوشۇمچە قىلماقچى بولسا، مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ.

كىمكى مەسىھنىڭ كرېستتە ئەمەلگە ئاشۇرغان نىجات ئارقىلىق ئىنسانلارنى پۈتۈنلەي يېڭى ئادەم قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلماقچى بولسا، مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ.

كىمكى مەسىھنىڭ كرېستتە بولغان ئازابلىرى ئارقىلىق گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا تۆلىگەن بەدەلنى ئىنكار قىلماقچى بولسا، مەسىھنىڭ كرېستىغا دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ.

## روسۇللارنىڭ بىز ئۈچۈن: (ئا) قانداق ھاجەت ئېچىدە ياشاش؛ (ئە) قانداق بېرىش ۋە (ب) قانداق قوبۇل قىلىشتىكى قالدۇرغان ئۈلگىسى

«مەن بۇ گېپىمنى، بىرەر موھتاجلىقتىن ئېيتىۋاتقىنىم يوق» (11:4)
«مېنىڭ بۇنداق دېيىشىم، سىلەردىن بىرەر سوۋغاتنى ئىزدەپ سورىغىنىم ئەمەستۇر، ئىزدىگىنىم بولسا ھېساۋاتىڭلارغا روھىي مېۋىنىڭ كۆپ توپلىنىشىدىن ئىبارەت» (17:4)

ئىزاھاتلىرىمىزدا توختالغىنىمىزدەك، روسۇل پاۋلۇس فىلىپپىلىقلارنىڭ سوغىتىدىن زور شادلانغان؛ بۇ شادلىنىش سوۋغاتنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن چىققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە باغلىغان مۇھەببىتىنىڭ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ بۈيۈك چاقىرىقىنى داۋاملىق قوغلاشقانلىقىدىن بولغان. روسۇلنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىي بەخت-بەرىكىتى ئىدى. مانا بۇ ھەقىقىي «خۇدانىڭ ئادىمى»نىڭ ئالامىتىدۇر. باشقا بىر خەتتە ئۇ كورىنتتىكى جامائەتكە مۇنداق سۆز قىلىدۇ:

«سىلەرگە ھېچ يۈك ئېغىرىمنى سالغۇم يوق. چۈنكى ئىزدىگىنىم ئىگىلىكىڭلار ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭلاردۇر؛ پەرزەنتلىرى ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن مال-مۈلۈك يىغىشى كېرەك. ئەمدى جېنىڭلار ئۈچۈن ئىگىلىكىمدىن خۇشلۇق بىلەن سەرپ قىلىمەن ھەمدە ئۆزۈمنى سەرپ قىلىمەن (گەرچە مەن سىلەرنى قانچە سۆيگەنسېرى مەن شۇنچە ئاز سۆيۈلسەممۇ)» («2كور.» 14:12-15).

بىزنىڭ پاۋلۇس توغرۇلۇق ئالغان بارلىق خەۋىرىمىز بويىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەم ھەمراھلىرىنىڭ خەج-خىراجەتلىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈشكە ھەردائىم ئىنتىلەتتى.

مانا بۇ ئۇنىڭ ئەفەسۇسدىكى جامائەت ئاقساقاللىرى بىلەن خوشلاشقاندا دېگەن سۆزلىرى: —

«مەن ھېچقاچان ھېچكىمدىن كىيىم-كېچەك ياكى ئالتۇن-كۈمۈش تاما قىلىپ باقمىغانمەن. سىلەرگە مەلۇمكى، مەن ئىككى بىلىكىمگە تايىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ۋە ھەمراھلىرىمنىڭ ھاجىتىدىن چىقتىم. بۇنداق قىلىپ ھەربىر ئىشلاردا مەن سىلەرگە مۇشۇنداق ئەجىر-ئەمگەك ئارقىلىق ئاجىز-ھاجەتمەنلەرگە ياردەم بېرىش لازىملىقىنى، شۇنداقلا رەب ئەيسا ئۆزى ئېيتقان: «بەرمەك ئالماقتىنمۇ بەختلىكتۇر» دېگىنىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماسلىقىڭلار كېرەكلىكىنى كۆرسەتتىم» («روس.» 33:20-35).

بەزى ۋاقىتلاردا پاۋلۇس سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلغان، ئەلۋەتتە؛ ئۇنداق سوۋغاتلار بولسا ئۇنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلىشىغا ۋە تەلىم بېرىشكە كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ بېرىدۇ. سەممىمىي نىيەت بىلەن بېرىلگەن بولسا (ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خۇدا چوقۇم سوۋغات بەرگۈچىگە كېيىن قايتۇرۇپ ئىنئام بېرىدۇ، دەپ بىلگەچكە) ئۇ مۇشۇنداق سوۋغاتلارنى شادلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھاجەتمەنلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلغان. ئۇ يەنە بىرنەچچە قېتىم باشقا جامائەتلەردىن «يېرۇسالېمدىكى نامرات مۇقەددەس بەندىلەر» ئۈچۈن ياردەم پۇل سورىغان؛ لېكىن ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭ بارلىق خەتلىرىدىن شۇنى ئېنىق كۆرەلەيدۇكى، ئۇ ھەتتا بىر قېتىممۇ ئۆزى ئۈچۈن پۇل سورىغان ئەمەس. مۇشۇ يەردە ئۇ فىلىپپىلىقلارنىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا يازغان خەتتە «مەن ھاجەتمەن ئىدىم» ياكى «مەن يەنە سوۋغاتقا ھاجەتمەن» دېگەن پۇراقنى پۈركىتىپ قويۇشتىن ئىنتايىن ئەنسىرەيتتى.

ھەسرەت بىلەن ئېيتىمىزكى، ھەم شەرقتە ھەم غەربتە «خۇش خەۋەرچى»لەر خۇش خەۋەرنى پۇلنى كۆزلەپ تارقىتىدۇ. ئۇلار خۇدانىڭ خەلقىگە: «مانا، مەن خۇدانىڭ ئالاھىدە ئەلچىسىدۇرمەن؛ ماڭا سەدىقە بەرسەڭلار، خۇدا سىلەرنى ئالاھىدە بەرىكەتلەيدۇ» دەپ ئۇلاردىن كۆپ پۇلنى ئۇندۇرمەكتە. ئۇلاردىن ھەتتا مىليونېر بولغانلارمۇ بار. مۇشۇنداق كىشىلەر مەيلى كۆپ پۇللۇق بولسۇن ياكى ئاز پۇللۇق بولسۇن دوزاخ ئوتىنىڭ خەتىرى ئاستىدا تۇرىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بارلىق ئىشلاردا روسۇل پاۋلۇس رەب ئەيسانىڭ پۇل-بىسات توغرۇلۇق تۆۋەندىكى تەلىمىگە ئەگىشىپ بىزگە ئەڭ روشەن ئۈلگە قالدۇرغان: —

«شۇڭا مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي‌كى، ھاياتىڭلارغا كېرەكلىك يېمەك-ئىچمەك ياكى ئۇچاڭلارغا كىيىدىغان كىيىم-كېچەكنىڭ غېمىنى قىلماڭلار. ھاياتلىق ئوزۇقتىن، تەن كىيىم-كېچەكتىن ئەزىز ئەمەسمۇ؟ ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا قاراڭلار! ئۇلار تېرىمايدۇ، ئورمايدۇ، ئامبارلارغا يىغمايدۇ، لېكىن ئەرشتىكى ئاتاڭلار ئۇلارنىمۇ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. سىلەر ئاشۇ قۇشلاردىن كۆپ ئەزىز ئەمەسمۇ؟ ئاراڭلاردا قايسىڭلار غەم-قايغۇ بىلەن ئۆمرۈڭلارنى بىرەر سائەت ئۇزارتالايسىلەر؟

كىيىم-كېچەكنىڭ غېمىنى قىلىشىڭلارنىڭ نېمە ھاجىتى؟! دالادىكى نىلۇپەرلەرنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار! ئۇلار ئەمگەكمۇ قىلمايدۇ، چاق ئېگىرمەيدۇ؛ لېكىن سىلەرگە شۇنى ئېيتاي‌كى، ھەتتا سۇلايمان تولۇق شان-شەرەپتە تۇرغاندىمۇ ئۇنىڭ كىيىنىشى نىلۇپەرلەرنىڭ بىر گۈلچىلىكمۇ يوق ئىدى. ئەمدى خۇدا دالادىكى بۈگۈن ئېچىلسا، ئەتىسى قۇرۇپ ئوچاققا سېلىنىدىغان ئاشۇ گۈل-گىياھلارنى شۇنچە بېزىگەن يەردە، سىلەرنى تېخىمۇ كىيىندۇرمەسمۇ، ئەي ئېتىقادى ئاجىزلار! شۇڭا «نېمە يەيمىز»، «نېمە ئىچىمىز»، «نېمە كىيىمىز؟» دەپ غەم قىلماڭلار. چۈنكى يات ئەللىكلەر (يەھۇدىي ئەمەسلەر) مانا شۇنداق ھەممە نەرسىگە ئىنتىلىدۇ، ئەمما ئەرشتىكى ئاتاڭلار سىلەرنىڭ بۇ ھەممە نەرسىلەرگە موھتاجلىقىڭلارنى بىلىدۇ؛ شۇنداق ئىكەن، ھەممىدىن ئاۋۋال خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھەققانىيلىقىغا ئىنتىلىڭلار. ئۇ چاغدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە قوشۇلۇپ نېسىپ بولىدۇ» («مات.» 6:25-33).

بىزدە، خۇدا بىزنىڭ ھاجەتلىرىمىزدىن چىقىدۇ دەيدىغان ئىشەنچ بولسا، ئەمدى نېمىشقا ھاجىتىمىزنى باشقىلارغا جاكارلاپ يۈرىمىز؟ ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھەققانىيلىقىنى ئىزدىسەك، ئۇنىڭ بىزگە «ھاجىتىڭلاردىن چىقىمەن» دېگەن قىممەتلىك ۋەدىسى بار. ئەمما: «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، بەزى ئېتىقادچىلار قېرىنداشلارنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ جامائەتتە: «ئاھ ئاتام، سەن بىلىسەن، مەن ...گە زور ھاجەتمەن» دەپ دۇئا قىلىدۇ.

بەزى ئەھۋاللاردا، بىزدىكى موھتاجلىرىمىز باشقىلارغا مۇقەررەر بىلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولغاندا ئۇلار بىزگە ياردەم قىلىشقا ئىنتىلسە شادلىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق ياردەمنى قوبۇل قىلمىساق، بىز بەرگۈچى قېرىنداشلىرىمىزنى بېرىشتىن بولىدىغان بەختىدىن مەھرۇم قىلغان بولىمىز؛ چۈنكى «بەرمەك ئالماقتىنمۇ بەختلىكتۇر». ھېچقانداق ئىنسان «مۇستەھكەم تۈۋرۈك» ئەمەستۇر؛ بىز تەكەببۇر بولماسلىقىمىز، سەمىمىي ياردەمنى رەت قىلماسلىقىمىز كېرەك. خۇدا بۇيرۇسا، ئۇ بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى بىزگە خەقنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇلارغا قايتۇرۇش پۇرسىتىنى تەمىنلەپ بېرىدۇ. ئەيسا مەسىھ نامەلۇم ئايالدىن بىر ئوتلام سۇ سورىدى؛ ئايال سۇنى ئۇنىڭغا بەرمەي تۇرۇپلا مەسىھ ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ يولىنى ئېچىپ بەردى («يۇھ.» 4-باب). بىزنىڭ خۇدانىڭ بېرىشىدىن كۆپ بېرىشىمىز، ياكى ئۇنى ئۆزىمىزگە قەرزدار قىلىپ قويۇشىمىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەستۇر!

# ئىنجىل 12-قىسىم

# «كولوسسلىكلەرگە»

## روسۇل پاۋلۇس كولوسسى شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان سالام مەكتۇپ

## كىرىش سۆز

روسۇل پاۋلۇسنىڭ كولوسسى شەھىرىدىكى جامائەتكە يوللىغان بۇ مەكتۇپى ئۇنىڭ رىمدىكى زىنداندا ياتقان ۋاقتىتا ئەفەسۇستىكى جامائەتكە ھەم قېرىندىشى فىلېمونغا يازغان مەكتۇپلىرى بىلەن تەڭ يېزىلغان («كول.» 7:4، 9-10نى «فىلم.» 10، 24 ۋە «ئەف.» 21:6 بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭ). شۇ چاغدا ھەمكارى بولغان تىكىكۇس زىنداندىكى روسۇل پاۋلۇسنى يوقلاشقا رىم شەھىرىگە بارغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇسنىڭ بۇ خەتلەرنى يېزىپ ئەۋەتىشىگە پۇرسەت تۇغۇلغان («ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ). پاۋلۇس كولوسسى شەھىرىگە بېرىپ باقمىغان، ۋە ئۇ قېرىنداشلار بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ باقمىغانىدى. لېكىن كولوسسىدىكى جامائەتتىكى قېرىنداشلاردىن ئەپافراس رىمدا ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى (« كولوسسلىكلەرگە» 12:4، 13). بۇ خەتتىن، روسۇل پاۋلۇسنىڭ خۇدانىڭ پۈتكۈل جامائىتىگە، ھەتتا ئۇ تېخى يۈز تۇرانە كۆرۈشمىگەن قېرىنداشلارغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز (1:3-11، 2:1-3). خۇدا ھەممىمىزنى پاۋلۇسقا ئوخشاش شۇنداق كەڭ باغرىلىق قىلغاي!

پاۋلۇسنىڭ ئۇلارغا ئېيتقان سۆزلىرىگە قارىغاندا، جامائەت ئىچىدە ئېزىتقۇلۇق قىلغۇچى بىرنەچچە ئادەملەر پەيدا بولغان (پاۋلۇس بۇ خەۋەرنى باشقا ئادەملەردىن ئاڭلىغانمۇ، ياكى خۇدانىڭ بىۋاستە بەرگەن ۋەھىيسى ئارقىلىق بىلگەنمۇ، بۇنى بىز بىلمەيمىز). مۇشۇ كىشىلەر: «بىزگە پەرىشتىلەر تەرىپىدىن «ئىنجىلغا ئارتۇقچە قوشۇلغان» ئالاھىدە ۋەھىيلەر كەلدى»، شۇنداقلا «جامائەتكە ئالاھىدە بەرىكەت يەتكۈزىدىغان بىرنەچچە قوشۇمچە قائىدە-يوسۇنلار بار» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئادەملەرنى ئازدۇرماقتا ئىدى. پاۋلۇسنىڭ ئۇلارغا بولغان جاۋابلىرىنى: «سىلەر مەسىھدە تولۇقدۇرسىلەر» دەپ يىكۈنلىسەك بولىدۇ (10:3) — «مەسىھدىن ئارتۇق» ھېچنېمە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ۋە ھەرگىز بولمايدۇ! ئۇنىڭدا خۇدانىڭ مۇكەممەل جەۋھىرى تۇرىدۇ! باشقىچە جۈيلىگەنلەرنىڭ بېشىغا ۋابا چۈشسۇن!

«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز پۈتۈن خەت توغرۇلۇق ئەمەس، بەلكى بەزى ئالاھىدە قىزىق نۇقتا ياكى قىيىنلىقى بار ئايەتلەر ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز.

# كولوسسىلىكلەرگە

## روسۇل پاۋلۇس كولوسسى شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان مەكتۇپ

[1] [2-1] خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مەسىھ ئەيسانىڭ روسۇلى بولغان
مەنكى پاۋلۇستىن ۋە قېرىنداش تىموتىيدىن، كولوسسى شەھىرىدە
تۇرۇۋاتقان مۇقەددەس بەندىلەرگە، يەنى سادىق قېرىنداشلارغا سالام!
خۇدا ئاتىمىزدىن مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك سىلەرگە بولغاي!
[4-3] بىز مەسىھ ئەيساغا باغلىغان ئېتىقادىڭلار ۋە بارلىق مۇقەددەس
بەندىلەرگە باغلىغان مۇھەببىتىڭلار توغرۇلۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن،
سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلغىنىمىزدا سىلەر ئۈچۈن ئەرشلەردە ساقلاقلىق
ئۈمىد تۈپەيلىدىن رەب ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا-ئاتىسىغا ئۆزلۈكسىز
رەھمەت ئېيتىمىز؛ [5] سىلەر ئىلگىرى بۇ ئۈمىد توغرىسىدا خۇش
خەۋەردىكى ھەقىقەت سۆزلىرى ئارقىلىق ئاڭلىغانسىلەر؛ [6] بۇ خۇش

---

**2-1:1** «**خۇدا ئاتىمىزدىن مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك سىلەرگە بولغاي!**» ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «خۇدا ئاتىمىز ۋە رەب ئەيسا مەسىھتىن مېھىر-شەپقەت سىلەرگە بولغاي!» دەپ خاتىرىلەنگەن.

**2-1:1** رىم. 1:7؛ گال. 1:3؛ ئەف. 1:2؛ 1پېت. 1:2.

**4-3:1** «**بىز مەسىھ ئەيساغا باغلىغان ئېتىقادىڭلار ۋە بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرگە باغلىغان مۇھەببىتىڭلار توغرۇلۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن... رەب ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا-ئاتىسىغا ئۆزلۈكسىز رەھمەت ئېيتىمىز؛**» ــ تولۇق ئىككى ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «رەب مەسىھ ئەيساغا باغلىغان ئېتىقادىڭلار ۋە بارلىق مۇقەددەس بەندىلىرىگە باغلىغان مۇھەببىتىڭلار توغرۇلۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەب ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا-ئاتىسىغا ئۆزلۈكسىز رەھمەت ئېيتىمىز. بۇ ئېتىقاد ۋە مۇھەببىتىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئەرشلەردە ساقلاقلىق ئۈمىدتىن بارلىققا كەلگەن». ئەمما بىزنىڭچە ئۈمىد ئېتىقادتىن ئەمەس، ئەكسىچە ئېتىقاد ئۈمىدتىن كېلىدۇ. بىزنىڭچە پاۋلۇس ئۇلارنىڭ كېلىدىغان بەختىنى كۆزلەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى شادلىنىدۇ.

**4-3:1** ئەف. 1:15؛ فىل. 1:3؛ 1تېس. 1:2؛ 2تېس. 1:3.

**5:1** 1پېت. 1:4.

خەۋەر پۈتكۈل جاھانغا يېتىپ كېلىپ مېۋە بېرىپ ئاۋۇماقتا،
شۇنداقلا سىلەرگىمۇ يېتىپ كېلىپ، سىلەر ئۇنى ئاڭلاپ خۇدانىڭ
مېھىر-شەپقىتىنى ھەقىقەتەن بىلىپ يەتكەن بىرىنچى كۈندىن
باشلاپ ئۇ سىلەردىمۇ مېۋە بېرىپ ئاۋۇپ بارماقتا؛ [7]سىلەر خۇش
خەۋەرنى سۆيۈملۈك ئىشدىشىمىز ئەپافراستىن ئۆگەنگەنسىلەر؛ ئۇ
ياردىمىزدە مەسىھنىڭ سادىق خىزمەتچىسىدۇر؛ [8]ئۇ بىزگە سىلەرنىڭ
روھتا بولغان مۇھەببىتىڭلارنى ئايان قىلدى.
[9]بۇ سەۋەبتىن بىزمۇ بۇنىڭ توغرىسىدا ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ
سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىپ ئىلتىجا قىلىشنى توختاتمىدۇق؛
تىلەيدىغىنىمىز شۇكى، خۇدانىڭ ئىرادىسى ھەرتەرەپلىك دانالىق
ۋە روھىي يورۇتۇلۇش بىلەن سىلەردە تولۇق بىلدۈرۈلسۇن. [10]شۇنداق
بولغاندا سىلەر رەبگە لايىق ھالدا ھەرتەرەپتە خۇدانى خۇرسەن
قىلىپ، ھەرقانداق گۈزەل ئىشلاردا مېۋە بەرگەندە، خۇدانى ھەقىقىي
بىلىشىڭلار ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلىسىلەر؛ [11-12]بىزنى مۇقەددەس
بەندىلەرنىڭ يورۇقلۇقتا بولغان مىراسىغا مۇيەسسەر بولۇشقا
لايىق قىلغان ئاتىغا تەشەككۈر ئېيتىپ، ئۇنىڭ شان-شەرەپلىك
قۇدرىتى بويىچە ھەرتەرەپلىك كۈچ بىلەن ھەر ئىشلاردا شادلىققا
تولۇپ چىدامىلىق ۋە سەۋر-تاقەتلىك بولۇشقا كۈچلەندۈرۈلىسىلەر.

---

**6:1** مار. 4:8؛ يـۇھ. 15:16.

**7:1 «سىلەر خۇش خەۋەرنى سۆيۈملۈك ئىشدىشىمىز ئەپافراستىن ئۆگەنگەنسىلەر»** — «ئىشدىشىمىز» گرېك تىلىدا «(خۇدانىڭ) قۇللۇقىدىكى ئىشدىشىمىز» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئەپافراس كولوسسىدىن كەلگەن (4:12-ئايەتنى كۆرۈڭ). ئۇ پاۋلۇس ۋە خىزمەتداشلىرىغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، پاۋلۇس تەكەللۇپ بىلەن ئۇنىڭ ياردىمىنى كولوسسىدىكى جامائەتنىڭ ياردىمى دەپ قارايدۇ. بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «ئۇ سىلەرنىڭ ياردىمىڭلاردا مەسىھنىڭ سادىق خىزمەتچىسىدۇر» دېيىلىدۇ.

**7:1** كول. 4:12؛ فلم. 23.

**8:1 «ئۇ بىزگە سىلەرنىڭ روھتا بولغان مۇھەببىتىڭلارنى ئايان قىلدى»** — «روھ» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى.

**9:1** 1كور. 1:5؛ ئەف. 1:15.

**10:1** يار. 17:1؛ يـۇھ. 15:16؛ 1كور. 7:20؛ ئەف. 4:1؛ فىل. 1:27؛ 1تېس. 2:12.

[13]ئۇ بىزنى قاراڭغۇلۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىپ،
سۆيگەن ئوغلىنىڭ پادىشاھلىقىغا يۆتكەپ قويدى؛ [14]ئۇنىڭدا
ھۆرلۈك-ئازادلىققا، يەنى گۇناھلىرىمىزدىن كەچۈرۈمگە مۇيەسسەر
بولدۇق. [15]ئۇ بولسا كۆرۈنمەس خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازىدۇر، پۈتكۈل
كائىناتتىكى تۇنجىدۇر؛ [16]چۈنكى ئۇنىڭدا بارلىق مەۋجۇداتلار،
ئاسماندىكى بولسۇن، زېمىندىكى بولسۇن، كۆرۈنىدىغان بولسۇن،
كۆرۈنمەس بولسۇن، مەيلى تەختلەر، خوجايىنلار، ھۆكۈمرانلىقلار،
ھوقۇقدارلار بولسۇن، بارلىق ھەممە ئۇنىڭ تەرىپىدىن ۋە ئۇنىڭ
ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.
[17]ئۇ ھەممىدىن بۇرۇندۇر، ۋە ھەممە مەۋجۇداتلار ئۇنىڭدا بىر-بىرىگە
باغلىنىپ تۇرماقتا؛ [18]ئۇ يەنە تەنىنىڭ، يەنى جامائەتنىڭ بېشىدۇر؛
ئۇ باشلىنىشتۇر، ئۆلگەنلەردىن تۇنجى بولۇپ تىرىلگۈچىدۇر؛
بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئۇنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئىچىدە ھەر

---

13:1 **«ئۇ بىزنى قاراڭغۇلۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىپ، سۆيگەن ئوغلىنىڭ پادىشاھلىقىغا يۆتكەپ قويدى»** — «قاراڭغۇلۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى» جىن-شەيتانلارنىڭ ئىلكىنى كۆرسىتىدۇ.

**13:1** مات. 17:3؛ 5:17؛ ئەف. 4:2؛ 1تېس. 12:2؛ 2پېت. 17:1.

14:1 **«ئۇنىڭدا ھۆرلۈك-ئازادلىققا، يەنى گۇناھلىرىمىزدىن كەچۈرۈمگە مۇيەسسەر بولدۇق»** — «ئۇنىڭدا» مۇشۇ يەردە «مەسىھدە» دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

**14:1** روس. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 19:1.

15:1 **«ئۇ بولسا كۆرۈنمەس خۇدانىڭ سۈرەت-ئوبرازىدۇر، پۈتكۈل كائىناتتىكى تۇنجىدۇر»** — گرېك تىلىدا مۇشۇ يەردىكى «تۇنجى» ئادەتتە «بىرىنچى بولۇپ تۇغۇلغان»نى كۆرسىتىدۇ. سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى تۆۋەندىكى 16-17-ئايەتتە كۆرۈلىدۇ؛ مەسىلەن: (1) پۈتۈن ئالەم ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ (2) ۋە ئالەمنىڭ ھەممىسىدىن بۇرۇن بولغان؛ (3) ئالەمگە ئوخشاش «يارىتىلغان» ئەمەس، بەلكى ئەسلى خۇدا ئاتىسى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولغان. بۇ 16-20-ئايەتلەرنىڭ مەقسىتى مەسىھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

**15:1** يار. 26:1؛ 2كور. 4:4؛ فىل. 6:2؛ ئىبر. 3:1؛ كول. 10:3؛ ياق. 9:3؛ ۋەھ. 14:3.

**16:1** يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ يۇھ. 3:1؛ ئەف. 9:3؛ ئىبر. 2:1.

17:1 **«ئۇ ھەممىدىن بۇرۇندۇر، ۋە ھەممە مەۋجۇداتلار ئۇنىڭدا بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرماقتا»** — «ئۇ ھەممىدىن بۇرۇندۇر» دېگەن سۆز ۋاقىت تەرىپىدىن ھەم ئۇلۇغلۇق-مۇھىملىق تەرىپىدىنمۇ ئېيتىلىدۇ.

جەھەتتىن ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. [19] چۈنكى خۇدا
ئۆزىنىڭ مۇكەممەل جەۋھىرىنى ئۇنىڭدا تۇرغۇزۇشقا، [20] ۋە ئۇنىڭ
ئارقىلىق بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۆزى بىلەن ئەپلەشتۈرۈشكە لايىق
كۆرگەنىدى، يەنى، ئۇنىڭ كرېستتە تۆكۈلگەن قېنى ئارقىلىق ئىناقلىق
ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ــ ئۇ ئارقىلىق مەيلى زېمىندا بولسۇن،
ئەرشلەردە بولسۇن بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۆزى بىلەن ئەپلەشتۈرۈشكە
لايىق كۆرگەنىدى؛ [22-21] ۋە ئەسلىدە رەزىل ئەمەللىرىڭلار تۈپەيلىدىن
ئۆزىگە يات قىلىنغان، كۆڭلۈڭلاردا دۈشمەنلىك بولغان سىلەرنىمۇ،
ئۇ ئۆز ئەتلىك تېنىدە ئۆلۈم ئارقىلىق ئۆزىگە پاك-مۇقەددەس،
ئەيىبسىز ۋە داغسىز ھازىر قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن ئەپ قىلغان
[23] (ئەگەر سىلەر ئېتىقادتا ئۇل سېلىنىپ مۇستەھكەم تۇرۇپ، خۇش
خەۋەردىكى ئۈمىدتىن نېرى قىلىنمىساڭلار)؛ بۇ خۇش خەۋەر پۈتكۈل
ئاسمان ئاستىدىكى كائىناتتا جاكارلانغان؛ مەنكى پاۋلۇس ئۇنىڭغا

18:1 **«ئۇ يەنە تەننىڭ، يەنى جامائەتنىڭ بېشىدۇر؛ ئۇ باشلىنىشتۇر، ئۆلگەنلەردىن تۇنجى بولۇپ تىرىلگۈچىدۇر؛ بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئۇنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئىچىدە ھەر جەھەتتىن ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى ئۈچۈندۇر»** ــ گرېك تىلىدا مۇشۇ ئايەتتىكى «تۇنجى» 15-ئايەتتىكى «تۇنجى»غا ئوخشاش سۆزدۇر؛ ئادەتتە «بىرىنچى بولۇپ تۇغۇلغان»نى كۆرسىتىدۇ.

**18:1** 1كور. 20:15؛ ئەف. 22:1؛ 15:4؛ 23:5؛ ۋەھ. 5:1.

19:1 **«چۈنكى خۇدا ئۆزىنىڭ مۇكەممەل جەۋھىرىنى ئۇنىڭدا تۇرغۇزۇشقا، ... 02ۋە ئۇنىڭ ئارقىلىق ...ئۆزى بىلەن ئەپلەشتۈرۈشكە...»** ــ سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلساق: «چۈنكى (خۇدانىڭ) بارلىق مۇكەممەل جەۋھىرىنى ئۇنىڭدا تۇرۇشقا لايىق كۆرگەن، (20) ۋە ئۇنىڭ ئارقىلىق ... ئۆزى بىلەن ئەپلەشتۈرۈشكە...».

**19:1** يۇھ. 14:1، 16؛ كول. 9:2.

20:1 **«ئۇنىڭ كرېستتە تۆكۈلگەن قېنى ئارقىلىق»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ كرېستىدىكى قان ئارقىلىق».

**20:1** يەش. 6:9؛ يۇھ. 33:16؛ روس. 36:10؛ رىم. 1:5؛ 2كور. 18:5؛ ئەف. 14:2؛ 1يۇھ. 10:4.

22-21:1 **«...سىلەرنىمۇ، ئۇ ئۆز ئەتلىك تېنىدە ئۆلۈم ئارقىلىق ئۆزىگە پاك-مۇقەددەس، ئەيىبسىز ۋە داغسىز ھازىر قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن ئەپ قىلغان...»** ــ «ئۇنىڭ ئەتلىك تېنى» مەسىھنىڭ ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

**22-21:1** لۇقا 75:1؛ ئەف. 4:1؛ 27:5؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 12:2.

خىزمەتچى قىلىندىم.
[24] ئەمدى مەن سىلەر ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىم ئۈچۈن شادلىنىمەن، ۋە
شۇنىڭدەك مەسىھنىڭ جاپالىرىدا كەم بولغانلىرىنى ئۆز ئەتلىرىمدە
ئۇنىڭ تېنى، يەنى جامائەت ئۈچۈن تولۇقلايمەن؛ [25] مەن جامائەت ئۈچۈن
خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ماڭا سىلەرنى
دەپ تاپشۇرغان غوجىدارلىقى بويىچە خىزمەتچى قىلىندىم؛ [26] بۇ
سۆز-كالامدىكى سىر بارلىق ئەسىرلەردىن ۋە دەۋرلەردىن يوشۇرۇن
تۇتۇلغان، ئەمما ھازىر مۇقەددەس بەندىلىرىگە ئاشكارىلاندى؛
[27] چۈنكى خۇدا ئۇلارغا ئەللەر ئارىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان
بۇ سىرنىڭ شەرەپلىك بايلىقلىرىنى بىلدۈرۈشنى خالىدى؛ بۇ
سىر بولسا شان-شەرەپكە ئېلىپ بارغۇچى ئۈمىد بولغان، سىلەردە
تۇرۇۋاتقان مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر. [28] بىز ئۇنى جاكارلايمىز، ھەربىر

23:1 **«ئەگەر سىلەر ئېتىقادتا ئۇل سېلىنىپ مۇستەھكەم تۇرۇپ، خۇش خەۋەردىكى ئۈمىدتىن نېرى قىلىنمىساڭلار»** — مۇشۇ سۆزلەر ئادەملەرنى نىجاتقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ شەرتىنى ئەمەس، بەلكى ئادەملەردە نىجاتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنىڭ ئاددىي ئىسپاتىنى كۆرسىتىدۇ.

**23:1** يۇھ. 6:15.

24:1 **«ئەمدى مەن سىلەر ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىم ئۈچۈن شادلىنىمەن، ۋە شۇنىڭدەك مەسىھنىڭ جاپالىرىدا كەم بولغانلىرىنى ئۆز ئەتلىرىمدە ئۇنىڭ تېنى، يەنى جامائەت ئۈچۈن تولۇقلايمەن»** — بىز بۇ سىرلىق بايان ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**24:1** رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ 2كور. 4:7؛ ئەف. 13:3؛ 12:4؛ 23:5؛ فىل. 17:2؛ 2تىم. 10:2.

25:1 **«مەن جامائەت ئۈچۈن خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن»** — ياكى «مەن سۆز-كالامنى تولۇق جاكارلاش ئۈچۈن» ياكى «مەن سۆز-كالامنى ھەممىگە جاكارلاش ئۈچۈن». بىزنىڭچە پاۋلۇسنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئۆزىنىڭ (ۋە باشقىلارنىڭ) «ئىنجىلدىكى سىر»نى جاكارلىشى بىلەن جامائەتنىڭ سانى تولۇق بولۇپ، جامائەت خۇدانىڭ تولۇق ۋەھىيسىگە مۇيەسسەر بولىدۇ ۋە بۇ خۇش خەۋەرنىڭ مەقستى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

**25:1** رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ 2تىم. 10:1؛ تىت. 3:1؛ 1پېت. 20:1.

**26:1** مات. 11:13.

27:1 **«چۈنكى خۇدا ئۇلارغا ئەللەر ئارىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان بۇ سىرنىڭ شەرەپلىك بايلىقلىرىنى بىلدۈرۈشنى خالىدى»** — «ئەللەر» بولسا «يات ئەللەر»، «يەھۇدىي ئەمەسلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

**27:1** 2كور. 2:14؛ 1تىم. 1:1.

ئادەمنى مەسىھدە كامالەتكە يەتكەن ھالدا خۇدا ئالدىدا ھازىر
قىلىش ئۈچۈن بارلىق دانالىق بىلەن ھەربىر ئادەمگە جېكىلەيمىز،
ھەربىر ئادەمگە تەلىم بېرىمىز. [29] مەن شۇنىڭغا ئىنتىلىپ، ئۇنىڭ
ۋۇجۇدۇمدا ئىشلىگىنى بويىچە كۈرەش قىلىپ جاپا تارتىمەن؛ ئۇنىڭ
ۋۇجۇدۇمدا ئىشلىگىنى دەرۋەقە تولىمۇ زوردۇر.

2 [1] چۈنكى مەندە سىلەر ئۈچۈن، لائودىكىيادىكىلەر ئۈچۈن،
شۇنىڭدەك دىدارىمنى كۆرمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن
نەقەدەر زور كۈرەشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سىلەرگە بىلگۈزمەكچىمەن؛
[2] كۈرىشىمنىڭ نىشانى، ھەممەيلەننىڭ مېھىر-مۇھەببەتتە بىر-
بىرىگە باغلىنىپ، قەلبلىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈلۈشى، خۇدانىڭ
سىرىنى، يەنى مەسىھنى چۈشىنىشتە ۋە تولۇق بىلىشتە بولغان
ئىشەنچ-خاتىرجەملىكىكە ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر؛ [3] چۈنكى ئۇنىڭدا
دانالىقنىڭ ۋە بىلىمنىڭ بارلىق بايلىقلىرى يوشۇرۇنغاندۇر.
[4] مېنىڭ بۇنى دېيىشىم، ھېچكىمنىڭ سىلەرنى قايىل قىلارلىق

---

29:1 **«مەن شۇنىڭغا ئىنتىلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئىشلىگىنى بويىچە كۈرەش قىلىپ جاپا تارتىمەن؛ ئۇنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئىشلىگىنى دەرۋەقە تولىمۇ زوردۇر»** — «كۈرەش» دېگەنلىك گرېك تىلىدا «ئاگون» دېيىلىدۇ. «ئاگون» توغرۇلۇق «فىلىپپىلىقلارغا»دىكى قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

1:2 **«شۇنىڭدەك دىدارىمنى كۆرمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن...»** — گرېك تىلىدا: «شۇنىڭدەك ئەتنىڭ جەھەتتە يۈزۈمنى كۆرمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن...». شۈبھىسىزكى، روسۇل جامائەتتە روھ جەھەتتىن بىر-بىرىمىزنى تونۇشىمىز مۇمكىن، دېمەكچى.

2:2 **«كۈرىشىمنىڭ نىشانى، ھەممەيلەننىڭ مېھىر-مۇھەببەتتە بىر-بىرىگە باغلىنىپ، قەلبلىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈلۈشى، خۇدانىڭ سىرىنى، يەنى مەسىھنى چۈشىنىشتە ۋە تولۇق بىلىشتە بولغان ئىشەنچ-خاتىرجەملىكىكە ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر»** — دېمىسەكمۇ، بۇ «كۈرىشىم» روھىي جەھەتتىن، دۇئا-تىلاۋەتلەر بىلەن ھەر تۈرلۈك جىن-شەيتانلار بىلەن قارىشىلىشىشتىكى كۈرەش، ئەلۋەتتە.

**2:2** يەش. 11:53؛ يەر. 22:9؛ يۇھ. 3:17؛ فىل. 8:3.

**3:2** 1كور. 24:1.

سىلىق-سىپايە گەپلىرى بىلەن ئالدىماسلىقى ئۈچۈندۇر؛ [5] چۈنكى
گەرچە تەن جەھەتتىدىن سىلەردىن نېرى بولساممۇ، روھ جەھەتتىدىن
مەن سىلەر بىلەن بىللىمەن، سىلەرنىڭ سەپتە تۇرۇۋاتقىنىڭلارغا
ۋە مەسىھكە باغلىغان ئېتىقادىڭلارنىڭ چىڭلىقىغا قاراپ
شادلىنىمەن. [6] مەسىھ، رەب ئەيسانى قانداق قوبۇل قىلغان بولساڭلار،
شۇ ھالدا ئۇنىڭدا مېڭىڭلار، [7] سىلەر تەلىم بېرىلگەندەك ئۇنىڭدا
يىلتىز تارتىپ، ئېتىقادىڭلار قۇرۇلۇۋاتقان ھالدا، ئېتىقادتا خاتىرجەم
قىلىنىپ، رەھمەت ئېيتىشلار بىلەن تاشقىنلاپ تۇرغۇچى بولۇڭلار؛
[8] ھېچكىمنىڭ مەسىھ بويىچە بولمىغان، پەيلاسوپلۇق ياكى بىمەنە
ئالدامچىلىق بىلەن، ئىنسانلاردىن كەلگەن تەلىملەر، يەنى بۇ
دۇنيادىكى «ئاساسىي قائىدە-قانۇنيەتلەر» بويىچە سىلەرنى ئۆز
ئولجىسى قىلىپ ئازدۇرماسلىقى ئۈچۈن ھېزى بولۇڭلار؛ [9] چۈنكى
ئۇنىڭدا، يەنى مەسىھدە، خۇدانىڭ بارلىق مۇكەممەل جەۋھىرى تەن
شەكلىدە تۇرىدۇ؛ [10] ۋە سىلەر ئۇنىڭدا، يەنى بارلىق ھۆكۈمدارلارنىڭ
ھەم ھوقۇقدارلارنىڭ بېشى بولغۇچىدا مۇكەممەلدۇرسىلەر؛

---

**4:2** ئەف. 6:5؛ كول. 18:2.

**5:2** 1كور. 3:5؛ 40:14.

**7:2** 1كور. 5:1؛ ئەف. 17:3.

8:2 **«ھېچكىمنىڭ مەسىھ بويىچە بولمىغان، پەيلاسوپلۇق ياكى بىمەنە ئالدامچىلىق بىلەن، ئىنسانلاردىن كەلگەن تەلىملەر، يەنى بۇ دۇنيادىكى «ئاساسىي قائىدە-قانۇنيەتلەر» بويىچە سىلەرنى ئۆز ئولجىسى قىلىپ ئازدۇرماسلىقى ئۈچۈن ھېزى بولۇڭلار»** — «ئاساسىي قائىدە-قانۇنيەتلەر» دېگەن مۇھىم ئىبارە توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**8:2** رىم. 17:16؛ ئىبر. 9:13.

10:2 **«ۋە سىلەر ئۇنىڭدا، يەنى بارلىق ھۆكۈمدارلارنىڭ ھەم ھوقۇقدارلارنىڭ بېشى بولغۇچىدا مۇكەممەلدۇرسىلەر»** — «سىلەر ئۇنىڭدا ... مۇكەممەلدۇرسىلەر» دېگەن مۇھىم ئىبارە توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

—«بارلىق ھۆكۈمدارلار... ھەم ھوقۇقدارلار» — ھەم ئاسماندىكى ھەم زېمىندىكى بارلىق ھوقۇقى ئىگە بولغانلار.

**10:2** يۇھ. 16:1.

[11] سىلەر ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ قولىسىز بولغان سۈننەت بىلەن سۈننەت
قىلىنغانسىلەر؛ دېمەك، مەسىھنىڭ سۈننىتى بىلەن گۇناھلىق
ئەتكە باغلانغان تەندىن خالاس قىلىنغانسىلەر؛ [12] ئۇنىڭ بىلەن تەڭ
چۆمۈلدۈرۈلۈشتە دەپنە قىلىنغانسىلەر؛ سىلەر يەنە ئۇنى ئۆلۈمدىن
تىرىلدۈرگەن خۇدانىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردا ئىشلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ
باغلاش بىلەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تىرىلگەنسىلەر.
[13] ئەمدى گەرچە ئىتائەتسىزلىكىڭلار ۋە ئەتلىرىڭلاردىكى
سۈننەتسىزلىكىڭلار تۈپەيلىدىن ئۆلگەن بولساڭلارمۇ، ئۇ سىلەرنى
مەسىھ بىلەن بىللە جانلاندۇردى؛ ھەممە ئىتائەتسىزلىكلىرىمىزنى
كەچۈرۈم قىلىپ، [14] بەلگىلىمىلەردە ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان
ئۆستىمىزدىن ئەرز قىلىدىغان، بىزنى ئەيىبلەيدىغان پۈتۈكلەرنى

---

11:2 **«سىلەر ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ قولىسىز بولغان سۈننەت بىلەن سۈننەت قىلىنغانسىلەر؛ دېمەك، مەسىھنىڭ سۈننىتى بىلەن گۇناھلىق ئەتكە باغلانغان تەندىن خالاس قىلىنغانسىلەر»** ــ بۇ ئايەتتىكى سۈننەت ئادەمنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى روھ-قەلبىدىدۇر، ئەلۋەتتە. دېمىسەكمۇ، «ئەتلىك تەن» دېگەن ئىبارىدە «ئەت» دېگەن سۆز ئىنجىلدىكى ئالاھىدە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، يەنى ئىنسانىي گۇناھقا ئەسىر بولغان تەبىئەتنى كۆرسىتىدۇ.
—«رىملىقلارغا»دىكى «ئەت» توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
—«مەسىھنىڭ سۈننىتى» «مەسىھنىڭ ئۆزى قىلىدىغان سۈننەت»، ياكى «مەسىھنىڭ ئۆلۈمى»نى كۆرسىتىدۇ. بۇ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆزىمىز»نى كۆرۈڭ.
**11:2** قان. 16:10؛ يەر. 4:4؛ رىم. 29:2؛ فىل. 3:3.

12:2 **«ئۇنىڭ بىلەن تەڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشتە دەپنە قىلىنغانسىلەر؛ سىلەر يەنە ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەن خۇدانىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردا ئىشلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاش بىلەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تىرىلگەنسىلەر»** ــ بۇ ئايەتتىكى «چۆمۈلدۈرۈلۈش» ئالدى بىلەن سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشنى كۆرسەتكىنى بىلەن، ئۇ يەنە بەرىبىر «روھقا چۆمۈلدۈرۈلۈش»نىمۇ كۆرسىتىدۇ. يەنە يۇقىرىقى «سۈننەت» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆزىمىز»نى كۆرۈڭ.
**12:2** رىم. 4:6؛ گال. 27:3؛ ئەف. 19:1؛ 7:3.

13:2 **«ئەمدى گەرچە ئىتائەتسىزلىكىڭلار ۋە ئەتلىرىڭلاردىكى سۈننەتسىزلىكىڭلار تۈپەيلىدىن ئۆلگەن بولساڭلارمۇ،...»** ــ «ئەتلىرىڭلاردىكى سۈننەتسىزلىكىڭلار» ئۆلارنىڭ ئەسلىدە (ھەممىمىز مەسىھسىز بولغان ۋاقتىمىزدىكىدەك) ئۆز «گۇناھلىق ئەت»ىمىزگە ئەسىر-قۇل بولغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ.
**13:2** ئەف. 1:2.

ئۆچۈرۈپ تاشلىدى؛ ئۇ ئۇلارنى بىزدىن نېرى قىلدى، كرېستكە مى
خلاتقۇزدى. [15]ئۇ ھۆكۈمدارلاردىن ۋە ھوقۇقدارلاردىن ئولجا ئېلىپ،
كرېستتە ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تەنتەنە بىلەن
غەلىبە قىلدى.
[16]ئەمدى ھېچكىمنىڭ يېمەك-ئىچمەك، ھېيت-بايراملار، «يېڭى
ئاي» ياكى شابات كۈنلەر جەھەتلىرىدە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن
ھۆكۈم چىقىرىشىغا يول قويماڭلار؛ [17]بۇ ئىشلار بولسا بىر كۆلەڭگە،
خالاس؛ ئۇنىڭ جىسمى بولسا مەسىھنىڭكىدۇر!
[18]ھېچكىمنىڭ سىلەرنى «كىچىك پېئىللىق» ۋە پەرىشتىلەرگە
ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئىنئامىڭلاردىن مەھرۇم قىلىشىغا
يول قويماڭلار؛ مۇشۇنداق كىشىلەر گۇناھلىق ئەتلىرىدىكى ئوي-
پىكىرلىرى بىلەن ھاكاۋۇرلىشىپ، كۆرگەن كۆرۈنۈشلەرگە ئېسىلىۋ

---

14:2 «**بەلگىلىمىلەردە ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلىدىغان، بىزنى ئەيىبلەيدىغان پۈتۈكلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى؛ ئۇ ئۇلارنى بىزدىن نېرى قىلدى، كرېستكە مىخلاتقۇزدى**» — بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئايەت توغرۇلۇق يەنە «قوشۇمچە سۆزلەر»نى كۆرۈڭ. گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ كرېستىگە مىخلاتقۇزدى».
15:2 «**ئۇ ھۆكۈمدارلاردىن ۋە ھوقۇقدارلاردىن ئولجا ئېلىپ، كرېستتە ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تەنتەنە بىلەن غەلىبە قىلدى**» — بۇ ئايەتتىكى «ھۆكۈمدارلار ۋە ھوقۇقدارلار» بولسا جىن-شەيتانلار؛ مەسىھ ئۇلاردىن ئالغان ئولجا بولسا ئۆزىگە ئېتىقاد باغلىغان، ئەسلىدە جىن-شەيتانلارنىڭ ئىلكىدە تۇرغان بىزلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە! باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «...ھۆكۈمدارلارنى... قورالسىز قىلىپ...».
**15:2** يار. 15:3؛ مات. 29:12؛ لۇقا 22:11؛ يۇھ. 31:12؛ 11:16.
**16:2** لاۋ. 2:11؛ 2:23؛ رىم. 2:14؛ گال. 10:4.
17:2 «**بۇ ئىشلار بولسا بىر كۆلەڭگە، خالاس؛ ئۇنىڭ جىسمى بولسا مەسىھنىڭكىدۇر!**» — «جىسمى» — دېمەك، «كۆلەڭگىنى يەرگە تاشلىغان جىسىم». بۇ مۇھىم ئايەت توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
**17:2** ئىبر. 5:8؛ 1:10.

الماقتىدۇر؛ [19]ئۇلار «باش»نى چىڭ تۇتقىنى يوقتۇر؛ لېكىن باشتىن
ئۇگە ۋە سىڭىرلار ئارقىلىق پۈتكۈل تەن قۇۋۋەتلىنىدۇ ۋە بىر-بىرىگە
باغلىنىپ، خۇدادىن كەلگەن ئاۋۇش بىلەن ئاشماقتا.
[21-20]ئەگەر مەسىھ بىلەن بۇ دۇنيادىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرگە
نىسبەتەن ئۆلگەن بولساڭلار، نېمىشقا (بۇ دۇنيادا ياشىغانلاردەك)
«تۇتما!» «تېتىما!» «تەگمە!» دېگەندەك بەلگىلىمىلەرگە رىئايە
قىلىسىلەر [22](بۇنداق بەلگىلىمىلەر ئىلكىدىكى نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى ئىستېمال قىلىنىش بىلەن يوقىلىدۇ)؟ مۇشۇنداق
بەلگىلىمىلەر پەقەت ئىنسانلاردىن چىققان كۆرسەتمىلەر ۋە

18:2 **«ھېچكىمنىڭ سىلەرنى «كىچىك پېئىللىق» ۋە پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئىنئامىڭلاردىن مەھرۇم قىلىشىغا يول قويماڭلار...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ھېچكىمنىڭ... ئۇستۇڭلاردىن ھۆكۈم چىقىرىشىغا يول قويماڭلار...». «دەۋەت قىلىپ» دېگەن ئىبارە «بۇ ىشلاردىن سۆيۈنۈپ» دېگەن مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«مۇشۇنداق كىشىلەر گۇناھلىق ئەتلىرىدىكى ئوي-پىكىرلىرى بىلەن...»** ــ دېمەك، ئوي-پىكىرلىرى مۇقەددەس روھتىن ئەمەس، بەلكى ئۆز گۇناھلىق ئەتلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغاندۇر. **«كۆرگەن كۆرۈنۈشلەرگە ئېسىلىۋالماقتىدۇر»** ــ بەزى كونا تېكىستتىكى كۆچۈرمىلەردە «كۆرمىگەن كۆرۈنۈشلەرگە ئېسىلىۋالماقتىدۇر» دېيىلىدۇ. بىزنىڭچە «كۆرگەن» دەپ ئوقۇش توغرىدۇر؛ بۇ كىشىلەر كۆرگەن «كۆرۈنۈشلەر» ئۆزىنىڭ خام خىياللىرىدىن چىققان، ئەلۋەتتە.

**18:2** يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ ئەف. 6:5؛ 2تېس. 3:2؛ 1يۇھ. 1:4.

19:2 **«ئۇلار «باش»نى چىڭ تۇتقىنى يوقتۇر. لېكىن باشتىن ئۇگە ۋە سىڭىرلار ئارقىلىق پۈتكۈل تەن قۇۋۋەتلىنىدۇ ۋە بىر-بىرىگە باغلىنىپ، خۇدادىن كەلگەن ئاۋۇش بىلەن ئاشماقتا»** ــ «باش» بولسا مەسىھدۇر. مەسىھنىڭ ئۆز تېنى بولغان جامائەتنىڭ بېشىدۇر. «تەن» ــ جامائەت.

21-20:2 **«ئەگەر مەسىھ بىلەن بۇ دۇنيادىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرگە نىسبەتەن ئۆلگەن بولساڭلار...»** ــ بۇ مۇھىم ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**21-20:2** گال. 9:4.

تەلىملەردىن ئىبارەت، خالاس؛ [23]ئۇلاردا دەرۋەقە بىرخىل پىدائىيلارچە
ئىبادەت، كىچىك پېئىللىق ۋە ئۆز تېنىگە قارىتا قاتتىق قوللۇق
بولۇشنى دەۋەت قىلىش بولغاچقا، ئۇلاردا دانالىقنىڭ كۆرۈنۈشى
بار؛ ئەمەلىيەتتە بۇنداق دانالىقنىڭ پايدىسى يوقتۇر ــ ئۇلار پەقەت
ئەتتىكى ھەۋەسلەرگە يول قويىدۇلا، خالاس.

## «يۇقىرىدىكى ئىشلارغا ئىنتىلىپ ئىزدىنىڭلار»

3 [1]سىلەر مەسىھ بىلەن تەڭ تىرىلدۈرۈلگەن بولساڭلار، ئەمدى
يۇقىرىدىكى ئىشلارغا ئىنتىلىپ ئىزدىنىڭلار؛ مەسىھ شۇ يەردە
خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ. [2]كۆڭۈل-زېھنىڭلارنى يەردىكى
ئىشلارغا ئەمەس، بەلكى يۇقىرىقى ئىشلارغا قويۇڭلار؛ [3]چۈنكى سىلەر
ئۆلگەنسىلەر، ۋە ھاياتىڭلار مەسىھ بىلەن بىللە خۇدادا يوشۇرۇن
تۇرىدۇ. [4]ئەمما ھاياتىمىز بولغان مەسىھ ئاشكارىلانغان چاغدا،
شۇئان سىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە شان-شەرەپتە ئاشكارىلىنىدىغان
بولىسىلەر.
[5]شۇڭا يەرگە تەۋە ئىشلارنى قىلغۇچى ھەرقانداق ئەزالىرىڭلارنى،
يەنى بۇزۇقلۇق، ناپاكلىك، ئىپلاس ھېسسىياتلار، رەزىل خاھىشلار

**22:2 «بۇنداق بەلگىلىملەر ئىلكىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىستېمال قىلىنىش بىلەن يوقىلىدۇ»** ــ دېمەك «تۇتما، تېتىما، تەگمە» دېگەندەك بەلگىلىملەرنىڭ ھەممىسى خۇدا ئالدىدا ئەڭ مۇھىم ئىش بولغان ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن ئەمەس، بەلكى يېمەك-ئىچمەك قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

**22:2** يەش. 13:29؛ مات. 9:15؛ تىت. 14:1.

**23:2** 1تىم. 8:4؛ 23:5.

**1:3** ئەف. 20:1.

**3:3** رىم. 2:6؛ 24:8؛ 2كور. 7:5.

**4:3 «ئەمما ھاياتىمىز بولغان مەسىھ ئاشكارىلانغان چاغدا، شۇئان سىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە شان-شەرەپتە ئاشكارىلىنىدىغان بولىسىلەر»** ــ بۇ مۇھىم ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**4:3** فىل. 21:3؛ 1يۇھ. 2:3.

**ۋە نەپسانىيەتچىلىك (ئۇ بۇتپەرەسلىككە باراۋەردۇر)نى ئۆلۈمگە**
**مەھكۇم قىلىڭلار؛ [6]چۈنكى بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ غەزىپى**
**ئىتائەتسىز پەرزەنتلەرگە چۈشىدۇ. [7]سىلەر بۇلار ئارىسىدا ياشىغان**
**ۋاقتىڭلاردا، بۇنداق ئىشلاردىمۇ ماڭغانسىلەر.**
**[8]ئەمما ھازىر سىلەر مۇشۇلارنىڭمۇ ھەممىسىنى ئۆزۈڭلاردىن**
**سېلىۋېتىڭلار ــ يەنى غەزەپ، قەھر-سەپرا، يامان نىيەتلەر، تۆھمەت،**
**ئاغزىڭلاردىن چىقىدىغان ئىپلاس سۆزلەرنىمۇ سېلىۋېتىڭلار.**
**[9]بىر-بىرىڭلارغا يالغان سۆزلىمەڭلار؛ چۈنكى سىلەر كونا ئادەمنى**
**قىلمىشلىرى بىلەن سېلىۋەتكەنسىلەر، [10]ۋە يېڭى ئادەمنى**
**كىيگەنسىلەر؛ يېڭى ئادەم بولسا ئۆزىنى ياراتقۇچىنىڭ سۈرەت-**
**ئوبرازى بويىچە تولۇق بىلىشتە دائىم يېڭىلىماقتا؛ [11]ئۇنىڭدا**
**ھېچقانداق يۇنانلىق ياكى يەھۇدىي، سۈننەتلىك ياكى سۈننەتسىز،**
**يات مەدىنىيەتلىك، سكىت، قۇل ياكى ھۆرلەر مەۋجۇت ئەمەستۇر؛**

---

5:3 **«يەرگە تەۋە بولغان ئىشلارنى قىلغۇچى ھەرقانداق ئەزالىرىڭلار...»** ــ ئەسلى گرېك تىلىدا «يەرگە تەۋە بولغان ئەزالىرىڭلار...». «يەرگە تەۋە» دېگەننىڭ مەنىسى «بۇ رەزىل دۇنياغا تەۋە» دېگەنلىكتۇر.

**5:3** رىم. 5:7، 23؛ ئەف. 22:4؛ 3:5، 5؛ 1تېس. 5:4.

6:3 **«چۈنكى بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ غەزىپى ئىتائەتسىز پەرزەنتلەرگە چۈشىدۇ»** ــ «ئىتائەتسىز پەرزەنتلەر» دېگەن ئىبارە ئىنساننىڭ ئەسلى تۈپ تەبىئىتىدە ئىتائەتسىزلىكنىڭ بارلىقىنى، ئىتائەتسىز ئادەمئاتىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن «ئىتائەتسىز پەرزەنتلەر» بولسا خۇدانىڭ شەپقىتى بىلەن خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئايلىنىدۇ (5-، 7-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**6:3** 1كور. 10:6؛ گال. 19:5؛ ئەف. 5:5؛ ۋەھ. 15:22.

**7:3** 1كور. 11:6؛ ئەف. 1:2؛ تىت. 3:3.

**8:3** ئەف. 22:4؛ ئىبر. 1:12؛ ياق. 21:1؛ 1پېت. 1:2.

**9:3** ئەف. 25:4.

10:3 **«ۋە يېڭى ئادەمنى كىيگەنسىلەر؛ يېڭى ئادەم بولسا ئۆزىنى ياراتقۇچىنىڭ سۈرەت-ئوبرازى بويىچە تولۇق بىلىشتە دائىم يېڭىلىماقتا»** ــ «كونا ئادەم» (9-ئايەت) ئادەمئاتىدىن مىراس قىلىنغان گۇناھكار ھاياتنى كۆرسىتىدۇ؛ «يېڭى ئادەم» بولسا مەسىھدە بولغان يېڭى ھاياتنى كۆرسىتىدۇ.

**10:3** يار. 26:1؛ 1:5؛ 6:9؛ رىم. 4:6؛ 1كور. 7:11؛ كول. 15:1؛ ياق. 9:3

بەلكى مەسىھ ھەممىدۇر، ۋە ھەممىدىدۇر.
[12] شۇڭا، خۇدانىڭ تاللىۋالغانلىرىغا، پاك-مۇقەددەس ۋە سۆيۈنگەنلەرگە
لايىق، ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىدىغان باغىرلارنى، مېھرىبانلىق، كىچىك
پېئىللىق، مۆمىنلىك ۋە سەۋر-تاقەتلىكنى كىيىۋېلىڭلار؛ [13] بىر-
بىرىڭلارغا يول قويۇڭلار، نارازىلىق ئىش بولسا بىر-بىرىڭلارنى
كەچۈرۈم قىلىڭلار؛ مەسىھ سىلەرنى قانداق كەچۈرۈم قىلغان بولسا
سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار. [14] مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئۈستىگە كامىل
بىرلىكنىڭ رىشتىسى بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى قوشۇپ بېرىڭلار.
[15] مەسىھنىڭ خاتىرجەملىكى قەلبىڭلاردا ھۆكۈم سۈرسۇن (سىلەر بىر
تەن بولۇپ بۇ خاتىرجەملىكتە بولۇشقا چاقىرىلغان ئىكەنسىلەر) ۋە

---

11:3 **«ئۇنىڭدا ھېچقانداق يۇنانلىق ياكى يەھۇدىي، سۈننەتلىك ياكى سۈننەتسىز، يات مەدىنىيەتلىك، ... مەۋجۇت ئەمەستۇر»** — «يات مەدەنىيەتلىك» — گرېك تىلىدا «ساقاللىق» دېيىلىدۇ؛ چۈنكى گرېكلار ئادەتتە ساقال قويمايتتى. بۇ سۆز ئادەتتە گرېك ياكى لاتىن تىلىنى سۆزلىيەلمەيدىغانلارنى كۆرسىتەتتى؛ ئادەتتە گرېكلار ۋە لاتىنلار ئۇنداق كىشىلەرنى كەمسىتىپ «ساقاللىق» دېگەن سۆزنى «ياۋايى ئادەملەر» دېگەن سەلبىي مەنىدە ئىشلىتەتتى. **«... يات مەدىنىيەتلىك، سكىت، قۇل ياكى ھۆرلەر مەۋجۇت ئەمەستۇر؛ بەلكى مەسىھ ھەممىدۇر، ۋە ھەممىدىدۇر»** — «سكىتلار» ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن خەلقنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى.

**11:3** 1كور. 7:21، 22؛ 12:13؛ گال. 3:28؛ 5:6؛ 6:15.

12:3 **«شۇڭا، خۇدانىڭ تاللىۋالغانلىرىغا، پاك-مۇقەددەس ۋە سۆيۈنگەنلەرگە لايىق ... كىچىك پېئىللىق، مۆمىنلىك ۋە سەۋر-تاقەتلىكنى كىيىۋېلىڭلار»** — تەۋرات-ئىنجىلدا «مۆمىنلىك»نىڭ «يۇۋاشلىق ئىمان-ئىشەنچ بىلەن» دېگەندەك ئالاھىدە مەنىسى باردۇر. مۆمىن ئادەم ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرى ياكى ئىمتىيازلىرىنى بېكىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلمايدۇ؛ چۈنكى ئۇ خۇدا ئالدىدا ئىمان بىلەن توغرا ماڭغان بولسا، خۇدا مۇشۇ ئىشلارنى ئۆزىگە كاپالەت قىلغان دەپ خاتىرجەملىكتە تۇرىدۇ. بۇ سۆز توغرۇلۇق يەنە «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**12:3** ئەف. 4:32؛ 6:11؛ 1تېس. 4:1.

**13:3** مات. 6:14؛ مار. 11:25؛ ئەف. 4:32.

14:3 **«... كامىل بىرلىكنىڭ رىشتىسى بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى قوشۇپ بېرىڭلار»** — ياكى «... كامىل رىشتە بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى قوشۇپ بېرىڭلار».

**14:3** يۇھ. 13:34؛ 15:12؛ ئەف. 4:3؛ 5:2؛ كول. 2:2؛ 1تېس. 4:9؛ 1يۇھ. 3:23؛ 4:21.

شۇنداقلا رەھمەت ئېيتىشلاردا بولۇڭلار.
[16] مەسىھنىڭ سۆز-كالامىنى ئۆزۈڭلاردا بايلىق ھاسىل قىلىپ
تۇرغۇزۇڭلار، بارلىق دانالىق بىلەن بىر-بىرىڭلارغا ئۆگىتىڭلار،
جېكىلەڭلار، چىن قەلبىڭلاردا زەبۇر-نەغمىلەر، مەدھىيە كۈيلىرى
ۋە روھىي ناخشىلارنى ياڭرىتىپ خۇدانى چىرايلىق مەدھىيىلەڭلار؛
[17] ۋە ھەممە ئىشلاردا، سۆز بولسۇن، ئەمەل بولسۇن، ھەممىسىنى
رەب ئەيسانىڭ نامىدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىلىق خۇدائاتىغا رەھمەت
ئېيتىڭلار.

## ئائىلىدىكىلەرگە بولغان جېكىلەشلەر

[18] سىلەر ئاياللار، رەبدە بولغان سۈپىتىڭلارغا لايىق ئۆز ئەرلىرىڭلارغا
بويسۇنۇڭلار؛ [19] سىلەر ئەرلەر، ئۆز ئاياللىرىڭلارغا مۇھەببەت
كۆرسىتىڭلار؛ ئۇلارغا ئاچچىق قىلماڭلار.
[20] سىلەر باللار، ئاتا-ئاناڭلارغا ھەممە ئىشلاردا ئىتائەت قىلىڭلار؛
چۈنكى بۇنداق قىلىش رەبدە بولغان گۈزەل ئىشتۇر.
[21] سىلەر ئاتىلار، بالىلىرىڭلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭلار؛ ئۇنداق
قىلساڭلار كۆڭلى يارا بولىدۇ.
[22] سىلەر قۇللار، ئەتتىن بولغان خوجايىنىڭلارغا ھەممە ئىشتا ئىتائەت

---

**15:3 «مەسىھنىڭ خاتىرجەملىكى قەلبىڭلاردا ھۆكۈم سۈرسۇن»** — بۇ مۇھىم سۆز توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**16:3 «... چىن قەلبىڭلاردا زەبۇر-نەغمىلەر، مەدھىيە كۈيلىرى ۋە روھىي ناخشىلارنى ياڭرىتىپ خۇدانى چىرايلىق مەدھىيىلەڭلار»** — «زەبۇر-نەغمىلەر» بەلكىم سازغا تەڭكەش قىلىنىپ ئېيتىلىدىغان ناخشىلار؛ «مەدھىيە كۈيلىرى» بەلكىم سازسىز ناخشىلار؛ «روھىي ناخشىلار» بەلكىم ستىخىيىلىكتىن، ئۆزلىكىدىن، مۇقەددەس روھنىڭ ئىلھامى بىلەن ئېيتىلغان ناخشىلارنى كۆرسىتىدۇ («1كور.» 15:14نىمۇ كۆرۈڭ).

**17:3** ئەف. 20:5؛ 1تېس. 18:5.

**18:3** يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 22:5؛ تت. 5:2؛ 1پېت. 1:3.

**19:3** ئەف. 25:5.

**20:3** ئەف. 1:6.

قىلىڭلار؛ پەقەت كۆز ئالدىدىلا خىزمەت قىلىپ، ئىنسانلارنى
خۇش قىلغۇچى قۇللاردىن بولماڭلار، بەلكى رەبدىن ئەيمىنىپ چىن
كۆڭلۈڭلاردىن ئىش كۆرۈڭلار.
[23] نېمە ئىشنى قىلىۋاتقان بولساڭلار، ئۇنىڭدا ئىنسانلار ئالدىدا
ئەمەس، بەلكى رەب ئالدىدا قىلغاندەك جان-دىل بىلەن ئۇنىڭغا
ئىشلەڭلار؛ [24] چۈنكى مىراسنىڭ ئىنئامىغا رەبدىن مۇيەسسەر
قىلىنغانلىقىڭلارنى بىلىسىلەر؛ چۈنكى سىلەر رەب مەسىھنىڭ
ئىبادەت-قۇللۇقىدىدۇرسىلەر. [25] ئەمما كىم ھەققانىيسىزلىق قىلسا
قىلغان ھەققانىيسىزلىقى ئۆز بېشىغا چۈشىدۇ؛ بۇ ئىشتا ھېچقانداق
يۈز-خاتىرە قىلىنىش يوقتۇر.

# 4

[1] سىلەر خوجايىنلار، قۇللىرىڭلارغا ئادىل ۋە توغرا مۇئامىلە
قىلىڭلار؛ چۈنكى ئەرشتە ئۆز خوجايىنىڭلارنىڭ بارلىقىنى
بىلىسىلەر.
[2] دۇئا-تىلاۋەتكە ھەرقانداق ۋاقىتتا بېرىلىڭلار، بۇنىڭدا رەھمەتلەر
ئېيتىشىپ ھوشيار تۇرۇڭلار؛ [3] شۇنىڭ بىلەن بىز ئۈچۈنمۇ دۇئا
قىلغايسىلەركى، خۇدا بىزگە مەسىھنىڭ سىرىنى جاكارلاش ئۈچۈن
ئۆز سۆزىگە ئىشىك ئاچسۇن؛ مەن دەل سىر ئۈچۈن زەنجىرلەر بىلەن
باغلانغانمەن؛ [4] شۇڭا قىلىشقا تېگىشلىكىم بويىچە، سىرنى
ئاشكارىلىشىمغا دۇئا قىلىڭلار.
[5] سىرتتىكىلەرگە نىسبەتەن دانالىق بىلەن مېڭىڭلار، پۇرسەتلەر

---

**22:3 «سىلەر قۇللار، ئەتتىن بولغان خوجايىنىڭلارغا ھەممە ئىشتا ئىتائەت قىلىڭلار»** — «ئەتتىن بولغان خوجايىنىڭلار» دېگىنى، يەنە «سىلەرنىڭ ئەرشتە بولغان خوجايىنىڭلارمۇ بار» دەپ پۇرتىدۇ.

**22:3** ئەف. 5:6؛ 1تىم. 1:6؛ تىت. 9:2؛ 1پېت. 18:2.

**1:4** ئەف. 9:6.

**2:4** لۇقا 1:18؛ رىم. 12:12؛ ئەف. 18:6؛ 1تېس. 17:5.

**3:4** ئەف. 19:6؛ 2تېس. 1:3.

چىققاندا كۆڭۈل قويۇپ قولدىن بەرمەڭلار. 6 سىلەرنىڭ گەپ-
سۆزلىرىڭلار ھەردائىم مېھىر-شەپقەت بىلەن بولسۇن، تۇز بىلەن
تېتىتىلسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھەربىر ئادەمگە قانداق جاۋاب
بېرىشنى بىلىسىلەر.

7 سۆيۈملۈك قېرىنداش ھەم رەبدە سادىق خىزمەتكار، ئىشدىشىمىز
بولغان تىكىكۇس سىلەرگە مەن توغرۇلۇق ھەممە ئىشلارنى مەلۇم
قىلىدۇ. 8 مەن ئۇنى دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يېنىڭلارغا ئەۋەتىشىم،
سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى بىلىۋېلىشى ۋە شۇنداقلا كۆڭلۈڭلارغا
ئىلھام-رىغبەت بېرىشى ئۈچۈندۇر. 9 مەن ئۆزى سىلەردىن بولغان،
سادىق ۋە سۆيۈملۈك قېرىندىشىمىز ئونېسىمۇسنى ئۇنىڭ بىلەن
ئەۋەتتىم؛ ئۇلار سىلەرگە مۇشۇ يەردىكى بارلىق ئىشلارنى مەلۇم
قىلىدۇ.
10 تۇرمىدىشىم بولغان ئارىستارخۇس سىلەرگە سالام يوللايدۇ؛
بارناباسنىڭ نەۋرى ئىنىسى ماركۇسمۇ شۇنداق (سىلەر ئۇنىڭ

---

5:4 **«سىرتتىكىلەرگە نىسبەتەن دانالىق بىلەن مېڭىڭلار»** — «سىرتتىكىلەر» — خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ سىرتىدا تۇرغانلار، تېخى ئېتىقاد قىلمىغانلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. **«پۇرسەتلەر چىققاندا كۆڭۈل قويۇپ قولدىن بەرمەڭلار»** — «پۇرسەتلەر» بولسا «سىرتتىكىلەر»گە ياخشىلىق كۆرسىتىش، خۇدانىڭ سۆزىنى ئېيتىش، مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىق پۇرسەتلەر.

**5:4** ئەف. 5:15، 16.

6:4 **«سىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىڭلار ھەردائىم مېھىر-شەپقەت بىلەن بولسۇن، تۇز بىلەن تېتىتىلسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھەربىر ئادەمگە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلىسىلەر»** — «تۇز بىلەن تېتىتىلسۇن» دېگەن جېكىلەش توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**6:4** مار. 9:50.

7:4 **«سۆيۈملۈك قېرىنداش ھەم رەبدە سادىق خىزمەتكار، ئىشدىشىمىز بولغان تىكىكۇس»** — «ئىشداش» گرېك تىلىدا «(خۇدانىڭ) قۇللۇقىدىكى ئىشداش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

**7:4** روس. 20:4؛ ئەف. 6:21؛ 2تىم. 4:12.

**9:4** فلم. 10.

توغرۇلۇق تاپشۇرۇقلارنى تاپشۇرۇۋالدىڭلار؛ ئۇ يېنىڭلارغا كەلسە،
ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار)؛ [11] يۇستۇس دەپ ئاتالغان يەشۇئامۇ سالام
يوللايدۇ. خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن ماڭا خىزمەتداش بولغان
سۈننەت قىلىنغانلاردىن پەقەت مۇشۇلار باردۇر؛ ئۇلار ماڭا تەسەللى
بولغان.
[12] سىلەردىن بولغان، مەسىھ ئەيسانىڭ قۇلى ئەپافراس سىلەرگە سالام
يوللايدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ خۇدانىڭ پۈتكۈل ئىرادىسىدە مۇكەممەل،
كامالەتكە يېتىپ چىڭ تۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن ھەردائىم سىلەر ئۈچۈن
دۇئالاردا كۆرەش قىلىدۇ. [13] چۈنكى مەن ئۇنىڭغا گۇۋاھچىمەنكى، ئۇ
سىلەر ئۈچۈن، لائودىكىيادىكىلەر ئۈچۈن ۋە خېيراپولىستىكىلەر
ئۈچۈنمۇ كۆپ جاپا تارتىدۇ.
[14] سۆيۈملۈك تېۋىپ بولغان لۇقادىن سىلەرگە سالام، دېماستىنمۇ
شۇنداق.
[15] لائودىكىيادىكى قېرىنداشلارغا بىزدىن سالام، نىمفاغا ھەم ئۇنىڭ
ئۆيىدە يىغىلىدىغان جامائەتكىمۇ سالام ئېيتىڭلار.
[16] بۇ خەت ئاراڭلاردا ئوقۇلغاندىن كېيىن، سىلەر ئۇنى لائودىكىيادىكى
جامائەتتىمۇ ئوقۇتۇڭلار، ۋە لائودىكىيادىكىلەرگە يازغان خەتنى

---

**10:4** روس. 37:15؛ 2:27؛ 2تىم. 11:4.

11:4 **«خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈن ماڭا خىزمەتداش بولغان سۈننەت قىلىنغانلاردىن پەقەت مۇشۇلار باردۇر؛ ئۇلار ماڭا تەسەللى بولغان»** — «سۈننەت قىلىنغانلار» — يەھۇدىيلار. دېماس ۋە لۇقا (14-ئايەتتە) «يات ئەللەر»دىن ئىدى.

**12:4** كول. 7:1؛ فلم. 23.

13:4 **«...ئۇ سىلەر ئۈچۈن، لائودىكىيادىكىلەر ئۈچۈن ۋە خېيراپولىستىكىلەر ئۈچۈنمۇ كۆپ جاپا تارتىدۇ»** — بۇ «جاپا تارتىش» بولسا دۇئالىردا. تېكىستتىكى باشقا بىر كونا كۆچۈرمىدە: «... ئۇنىڭ سىلەر ئۈچۈن، لائودىكىيادىكىلەر ئۈچۈن ۋە خىراپولىستىكىلەر ئۈچۈنمۇ كۆپ قىزغىنلىقى باردۇر» دېيىلىدۇ.

**14:4** 2تىم. 10:4، 11

15:4 **«نىمفاغا ھەم ئۇنىڭ ئۆيىدە يىغىلىدىغان جامائەتكىمۇ سالام ئېيتىڭلار»** — نىمفا بىر ئايالنىڭ ئىسمى ئىدى. تېكىستتىكى بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «نىمفاس» (ئەرنىڭ ئىسمى) دېيىلىدۇ.

**سىلەرمۇ ئوقۇڭلار؛ [17] ۋە ئاركىپپۇسقا: «سەن رەبدە تاپشۇرۇۋالغان**
**خىزمىتىڭگە، تولۇق ئەمەل قىلىشىڭ ئۈچۈن كۆڭۈل قويغىن» —**
**دەڭلار.**
**[18] مەنكى پاۋلۇستىن ئۆز قولۇم بىلەن يازغان سالام. مېنىڭ**
**كىشەنلىنىپ قاماپ قويۇلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار. سىلەرگە مېھىر-**
**شەپقەت بولغاي!**

---

16:4 **«بۇ خەت ئاراڭلاردا ئوقۇلغاندىن كېيىن، سىلەر ئۇنى لائودىكىيادىكى جامائەتتىمۇ ئوقۇتۇڭلار، ۋە لائودىكىيادىكىلەرگە يازغان خەتنى سىلەرمۇ ئوقۇڭلار»** — مۇمكىنچىلىكى باركى، «لائودىكىيەدىكىلەرگە يازغان خەت» ئەسلى پاۋلۇسنىڭ «ئەفەسۇسلۇقلارغا» يازغان خېتىدۇر. «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

18:4 **«مەنكى پاۋلۇستىن ئۆز قولۇم بىلەن يازغان سالام»** — دېمەك، خەتنىڭ باشقا يەرلىرى كاتىپلىق قىلغان قېرىنداشنىڭ قولىدا يېزىلغان. پاۋلۇسنىڭ كۆزلىرى ئاجىز بولۇشى مۇمكىن («2كور.» 10-6:12، «گال.» 15:4). **«مېنىڭ كىشەنلىنىپ قاماپ قويۇلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار»** — دېمەك، دۇئا-تىلاۋەتلىرىڭلاردا ئەسلەڭلار.

**18:4** 2تېس. 17:3؛ ئىبر. 3:13.

# قوشۇمچە سۆز

24:1 «ئەمدى مەن سىلەر ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىم ئۈچۈن شادلىنىمەن، ۋە شۇنىڭدەك مەسىھنىڭ جاپالىرىدا كەم بولغانلىرىنى ئۆز ئەتلىرىمدە ئۇنىڭ تېنى، يەنى جامائەت ئۈچۈن تولۇقلايمەن» (پاۋلۇسنىڭ دېگىنى)

بۇ ئىنجىلدىكى ئەڭ سىرلىق ئايەتلەردىن بىرى بولۇشى كېرەك. بىز «رەبدىن بولغان رەھىم-شەپقەتكە مۇيەسسەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن» (كورىنتلىقلارغا (1)» 25:7) بۇ ئايەت توغرۇلۇق پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ئىنجىلدىكى باشقا ئېنىق تەلىملەردىن بىز شۈبھىسىز خەۋەردار قىلىندۇقكى، كەچۈرۈم قىلىنىشىمىز ئۈچۈن مەسىھ گۇناھلىرىمىزنى ئۆزىگە ئېلىپ كۆتۈرۈشى بىلەن تارتقان جاپاسى بىر قېتىمدىلا تۈگەپ، قايتا بولمايدىغان بىر ئىشتۇر. بۇ ھەقىقەت «يۇھ.» 30:19، «رىم.» 10:6، «ئىبر.» 27:7، 12:9، 10:10 ۋە كۆپ باشقا ئايەتلەردە ئېنىق بايان قىلىندۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ ھەممىمىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىپ نىجات ئالدى. بۇ دەردلىك جاپالىرىنىڭ قايتىلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. ئەمما يۇقىرىقى 24:1-ئايەتتىن مەلۇمكى، مەسىھنىڭ «گۇناھىمىزنى كۆتۈرۈش»نىڭ جاپالىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان يەنە داۋاملىق قىلىدىغان بىرخىل جاپالىرى بار.

بۇ توغرۇلۇق روسۇل پاۋلۇسنىڭ «ئەفەسلىقلارغا» 13:3 ۋە «فىل.» 10:3دىكى بايانلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھاتلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

بىز مۇشۇ يەردە «فىل.» 10:3دىكى سۆزلەر ئوغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى قايتىدىن قەيت قىلىمىز: —

«(ئا) مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئىنسانىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنىڭ بەدىلى بولغاندەك، ئازاد قىلىنىشىنىڭ خەۋىرى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىقمۇ تارقىتىلىدۇ. ھەركىم ئىنجىلدىكى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»نى ئوقۇسىلا بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ

(مۇنداق دېگىنىمىز، خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى مەسىھنىڭ گۇناھنى يۇيۇشى ئۈچۈن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغۇچىلىكى بار، دېمەكچى ئەمەسمىز، ئەلۋەتتە). نىجاتنىڭ شېرىنلىكىنى تېتىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى، ئۆز ئېلىدىكىلىرى ھەتتا باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ بۇ بەخت-بەرىكەتلەرگە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا، شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇ ھەرخىل ئۇقۇشماسلىقلار، چەتكە قېقىشلار ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ باشقا قىيىن ئىشلارغا يۈزلىنىشكە تەييار بولۇشى كېرەك؛ ئۇ يەنە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ يولنى تاللىشى كېرەك. ھېچ بولمىغاندا «مەسىھ ئۆزىنى خۇش قىلىشنى ئويلىمىغاندەك» («رىم.» 3:15) ئۆز زوقلىرى، خۇشلۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار بولۇشى كېرەك. بۇ يولدا، يەنى مەسىھ ماڭغان يولدا، مەسىھنىڭ باشقىلارنى ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان يولدا ماڭغانلار ئۈچۈنمۇ مەسىھ بىلەن بىللە بولغان بىرخىل ئالاھىدە ئورتاقلىق ياكى سىرداش-ھەمدەملىك بار. «كولوسسىلىكلەرگە» 1:24-25-ئايەتلەردە بۇ خىل ئورتاقلىق كۆرسىتىلىدۇ، ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆۋەندىكى يەنە بىر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

(ئە) مەسىھ ئۆز جامائىتى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا («رىم.» 34:8) ئۇ بىز ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ؛ چۈنكى بىزدە ھەرقانداق ئىشەنچسىزلىك، ئەخمىقانىلىك ياكى ئىتائەتسىزلىك بار بولسا، بۇ ئۇنىڭغا ۋە مۇقەددەس روھقا ئازار بېرىدۇ («ئەف.» 30:4). بىز تېخى مەسىھنى تونۇمىغان ۋاقىتلىرىمىزدىمۇ ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەتلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى جامائەت ئۈچۈن بولسۇن، ياكى ئىشەنمىگۈچىلەر ئۈچۈن بولسۇن مۇشۇنداق دۇئا-تىلاۋەتلەرنىڭ ئازابى بولىدۇ. خۇداغا روھتا يېقىنلاشقانلار، بولۇپمۇ دۇئا-تىلاۋەتلەردە كۆپ بولغانلار مەسىھنىڭ مۇشۇ ئازابلىرىغا سىرداش بولماي قالمايدۇ، شۇنداقلا ئۆزلىرىمۇ ئازابلانماي قالمايدۇ. «يار.» 18:17نى كۆرۈڭ. شۇ يەردە خۇدا ئىبراھىمنى ئۆزىگە ئۆزىنىڭ سودوم ۋە گومورراھ شەھەرلىرى ئۈستىدىن ئازابلانغانلىقى توغرۇلۇق سىرداش قىلىدۇ:
— «سودوم بىلەن گومورار توغرىسىدىكى داد-پەرياد ناھايىتى كۆچلۈك، ئۇلارنىڭ گۇناھى ئىنتايىن ئېغىر» (20). ئىبراھىمنىڭ بۇ سۆزلەر ۋەجىدىن قىلغان دۇئاسىنى كۆرۈڭ («يار.» 17:18-33)».

شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن بۇ ئايەتنى كۆرەيلى: «ئەمدى مەن سىلەر ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىم ئۈچۈن شادلىنىمەن، ۋە شۇنىڭدەك مەسىھنىڭ

جاپالىردا كەم بولغانلىرىنى ئۆز ئەتلىرىمدە ئۆنىڭ تېنى، يەنى جامائەت ئۈچۈن تولۇقلايمەن».

بۇنىڭدىن، ھەربىر دەۋردە مەسىھنىڭ تېنى بولغان جامائەتتە مەلۇم دەرىجىدە جاپالار بولۇشى كېرەك، دەپ خۇلاسە قىلىمىز. بۇ جاپالارنىڭ بولۇشى: (1) خۇدا تاللىۋالغان بارلىق مۇقەددەس بەندىلىرى جامائەتكە قوشۇلۇشى ئۈچۈن؛ (2) جامائەتنىڭ كامالەتكە يېتىشى، خۇدانىڭ تولۇق بەخت-بەرىكەتلىرىگە ھەم ۋەھيىلىرىگە مۇيەسسەر بولۇشى ئۈچۈندۇر. مۇشۇنداق جاپالارغا پاۋلۇس بىزگە ئۈلگە بولۇپ كۆرسەتكەندەك، ئادەملەر تولۇق ئىختىيارى ۋە شاد-خۇراملىق بىلەن يۈزلىنىشى كېرەك. «2تىم» 10:2نى كۆرۈڭ:
«ئەمدى شۇ سەۋەبتىن، مەن خۇدا تاللىغان بەندىلەرنىڭ مەسىھ ئەيسادا بولغان نىجاتقا مەڭگۈلۈك شان-شەرەپ بىلەن ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەممە ئىشقا بەرداشلىق بېرىمەن».
«1يۇھ.» 16:3 «بىز شۇنىڭ بىلەن مېھىر-مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىمىزكى، ئۇ (مەسىھ) بىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلدى ۋە بىزمۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئۆز جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا قەرزداردۇرمىز». بۇ ئايەتلەردىن «جاپا-زىيانكەشلىكنى ئىزدىشىمىز كېرەك» ياكى «جاپا-زىيانكەشلىكنى تىلىشىمىز كېرەك» دېگەن خۇلاسىگە كەلمەيمىز؛ بەلكى مەسىھ بىزگە ئۆگەتكەندەك: «بىزنى رەزىللىكتىن قۇتقۇزغايسەن، سىناقتا ئۇچراتقۇزمىغايسەن» دەپ دۇئا قىلىشىمىز كېرەكتۇر.
«دەرۋەقە، مەسىھ ئەيسادا ئىخلاسمەن ياشىماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ» («1تىم» 12:3). خۇدانىڭ ئالدىدا ھەققانىي ھاياتنى ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغان كىشىلەرنىڭ بولسا، جاپا-زىيانكەشلىك ئىزدەپ-سورىمايلا بېشىغا چۈشىدۇ! چۈشسىلا، ئۇبدان مېۋىسى بار بولىدۇ دەپ بىلىپ سەۋر-تاقەتلىك، شاد-خۇراملىق بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلايلى!
«ئەمدى مەن سىلەر ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىم ئۈچۈن شادلىنىمەن، ۋە شۇنىڭدەك مەسىھنىڭ جاپالىرىدا كەم بولغانلىرىنى ئۆز ئەتلىرىمدە ئۆنىڭ تېنى، يەنى جامائەت ئۈچۈن تولۇقلايمەن».

## 8:2، 20
## بۇ دۇنيادىكى «ئاساسىي قائىدە-قانۇنىيەتلەر» ـ ئۇلار زادى نېمە؟

گرېك تىلىدا بۇ «ستوئىخېئا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «ستوئىخېئا»نىڭ ئاساس مەنىسى «سىزىملار» دېگەنلىكتۇر.
بۇ سۆز «ئىبر.» 12:5دە «پرىنسىپلار» دېگەن مەنىدە، ۋە «2پېت.» 3:10، 12دە «ئالەمنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «گال.» 3:4، 9دا «كولوسسىلەرگە» 8:2، 12دە «ئاساسىي قائىدە-قانۇنىيەتلەر» دېگەنگە ئوخشايدىغان مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. گرېك پەلسەپەسىدىكى بەزى سىستېمىلار، بولۇپمۇ «ستوئىخسىم» بويىچە، پۈتكۈل ئالەم مەلۇم «سىزىملار» تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ؛ بۇ جەھەتلەر جوڭگودىكى «داۋجياۋ دىنى»غا ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنداق پەلسەپە بويىچە، روناق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئادەملەر مۇشۇ «سىزىملار»نى بىلىشى ياكى سېزىشى كېرەك ئاندىن بۇ سىزىملارغا ماسلىشىپ يۈرۈشى كېرەكتۇر. ئەمەلىيەتتە جاھاندىكى بارلىق ئەل-مىللەتلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر «سىزىملىق» سىستېمىنى، يەنى دىنىي سىستېمىا ئىچىدە ياكى ئۇنىڭ سىرتىدا بولغان ئۆزىگە خاس قائىدە-يوسۇنلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلدى. ئەتراپىمىزدا مۇشۇلارنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈنمەكتە؛ شۇنچە كۆپ ئاددىي ئىشلار «يامان بولىدۇ» دېيىلمەكتە؛ ھەر يەردە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇشۇنداق قائىدە-يوسۇنلارنىڭ ئايىغى يوقتۇر. ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى بىرەر قورقۇنچنىڭ يىلتىزى، بىر «ئىگىسىزلىك» ياكى «ھىمايىسىزلىك»نىڭ قانداقتۇر بىر سېزىمى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق «قائىدە-يوسۇنلار»نى ئاسانلا قوبۇل قىلغۇالىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا «قائىدە-يوسۇنلار» مەلۇم بىر دىنىي سىستېمىلىق قائىدە-يوسۇنلار بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ؛ ئاندىن خەلق «دىندىن سىرت» بولغان بىر تۈركۈم قائىدىلەرنى «خۇراپىيلىق» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە بارلىق مۇشۇنداق قائىدە-يوسۇنلارنى روسۇل پاۋلۇس «گال.» 9:4دا «تىلەمچىلىككە ئائىت» ئەرزىمەس نەرسىلەر دەپ بېكىتكەن. گۇناھقا پاتقان ئادەملەرنىڭ روھىدا ۋىجداننىڭ ئاللىقانداق ئىزلىرى ياكى سارقىندىلىرى قېلىپ قالغان بولسا، شۇ قائىدە-يوسۇنلار مەلۇم جەھەتلەردە شۇلارنى كۈچەيتىدۇ؛ ئەمما ئاخىر بېرىپ ئۇلار پەقەت گۇناھقا پېتىپ كەتكەن بىچارە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز روھىي يالىڭاچلىقىنى يېپىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان جۇل-جۇل ياماقلارلا بولىدۇ، خالاس. ئىنسان قەلبىنىڭ

بارلىق موھتاجلىرىدىن بىردىنبىر چىقالىغۇچى، خۇدانىڭ نىجاتى بولغان مەسىھ ئۆزىدۇر. مەسىھ بىلەن كىيگۈزۈلگۈچىگە ھېچقانداق تىلتۇمارلار ياكى ھېچقانداق «يامان بولىدۇ» دېگەن قائىدە-يوسۇنلار كېرەك ئەمەس؛ مۇشۇنداق نەرسىلەر ھەممىگە قادىر خۇدا ئالدىدا نەپرەتلىك ۋە ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىگە ئاھانەت چاپلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

«قائىدە-يوسۇنلار» توغرۇلۇق ئېيتقىنىمىزنىڭ سىرتىدا تۇرغان پەقەت بىرلا مىسال بار. ئۇ بولسا خۇدا ئۆزى ئىسرائىل خەلقىگە تاپشۇرغان قانۇنلار ھەم بەلگىلىمىلەردۇر؛ بۇ قانۇن-بەلگىلىمىلەر ئۆز گۈزەل نىشانىغا يېتىپ، ھازىر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ ئادەم مەسىھ بىلەن بىر قىلىنغانىكەن، ئۇنداقتا ئۆزلىرىدە ھەققانىيلىقنى ئىزدەيدىغان، خۇدانىڭ بارلىق يوللىرىدا مېڭىشقا ئىنتىلىدىغان يېڭى بىر ھايات باردۇر؛ خۇدانىڭ خاھىشلىرى ۋە مەقسەت-مۇددىئالىرى شۇنداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ قات-قاتلىرىدا پۈتۈكلۈكتۇر. بىز مۇشۇ دۇنيادىكى «تىلەمچىلىككە ئائىت» بولغان ««ئاساسىي قائىدە-قانۇنىيەتلەر»گە نىسبەتەن ئۆلگەنمىز؛ نېمىشقا ئۇلاردا يەنە ياشاۋېرىمىز؟»».

«ئەگەر مەسىھ بىلەن بۇ دۇنيادىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرگە نىسبەتەن ئۆلگەن بولساڭلار، نېمىشقا (بۇ دۇنيادا ياشىغانلاردەك) «تۇتما!» «تېتىما!» «تەگمە!» دېگەندەك بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىسىلەر؟» (20:2)

## 10:2 «سىلەر ئۇنىڭدا مۇكەممەلدۇرسىلەر»

بۇ ئاجايىپ بايان پاۋلۇسنىڭ: «ھېچكىمنىڭ مەسىھ بويىچە بولمىغان، پەيلاسوپلۇق ياكى بىمەنە ئالدامچىلىق بىلەن، ئىنسانلاردىن كەلگەن تەلىملەر، يەنى بۇ دۇنيادىكى «ئاساسىي قائىدە-قانۇنىيەتلەر» بويىچە سىلەرنى ئۆز ئولجىسى قىلىپ ئازدۇرماسلىقى ئۈچۈن ھېزى بولۇڭلار» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىدا قىلىنىدۇ، ۋە شۇنداقلا بۇ سۆزلىرىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ. خۇدادا بولغان بارلىق ھەممە بولسا مەسىھدە تۇرىدۇ؛ خۇدانىڭ ھەممە بارلىقى مەسىھدە ئەزەلدىن بولغان ۋە ھەمىشە بولىدۇ. بىزمۇ «ئۇنىڭدا» (يەنى مەسىھدە) بولساق ئەمدى خۇدانىڭ بارلىق مۇكەممەل جەۋھىرىمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭكى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا پەلسەپە ياكى «ئالاھىدە دانالىق» بىزگە قانداقمۇ «ئارتۇق» بىر

نېمىنى تەمىنلىيەلىسۇن؟ پاۋلۇسنىڭ بۇ مەكتۇپىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئېيتقان سۆزلىرىدىن قارىغاندا، كولوسسى شەھىرى ئەتراپىدا ياۋروۋاتقان مۇشۇنداق «پەلسەپىچىلەر»نىڭ جامائەتكە يەتكۈزگەن ئېزىتقۇلۇقى ئاز ئەمەس ئىدى. 18-ئايەتتىن قارىغاندا شۇلارنىڭ دېگەنلىرى بەلكىم مۇنداق: «... دۇرۇس، سىلەرنىڭ ئەيسا مەسىھكە بولغان ئېتىقادىڭلار ئىنتايىن ياخشى، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش توغرىدۇر. ئەمما ئىنتايىن ئىمتىيازلىق كىشىلەر بولغان بىزلەرگە نىسبەتەن بۇ ئاللىقاچان «قوپال» بىر ئىش... ئىلاھىيەت مەسىلىسى بولغان ئاسمان جىسىملىرىدا «ئالاھىدە كۈچلەر» بار. بىز بەزىبىر مەخپىي بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنۇشۇمىز بىلەن بىزدە ئالاھىدە يوشۇرۇن بىلىم باردۇر؛ باشقا ئاددىي كىشىلەر ئۇنىڭغا ھېچ نېسىۋە بولالمايدۇ. بىزگە ئالاھىدە تونۇش بولغان پەرىشتىلەرگە سىلەر بىز بىلەن بىللە سەجدە قىلساڭلار، سىلەرمۇ بۇ «ئالاھىدە بەلگىلىمىلەر»گە بويسۇنساڭلار، ئەمدى سىلەرمۇ بۇ بىلىمگە ئىگە بولىسىلەر، سىلەردە تېخىمۇ بەخت-بەرىكەتلەر، تېخىمۇ كۆپ كۈچ-قۇدرەت بولىدۇ...» ۋەھاكازالار، ۋەھاكازالار...

ئادەملەر مەسىھنىڭ «ھەممىدىن ئۈستۈنلۈكى»گە ئېتىبار بەرمىسە مۇشۇنداق ئەخمەقانىلىكنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى پاۋلۇس دېگىنىدەك، ئۇ ھەممىنىڭ «باش»ىدۇر — پەقەت جامائەتنىڭكىلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك بېكىتمىسى بىلەن پۈتكۈل ئالەم (جۈملىدىن مۇشۇ ئاتالمىش «ئالاھىدە پەرىشتىلەر»)گىمۇ باشتۇر. ئۇ: «سىلەرنىڭ باش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتىڭلار بار بولسا، نېمىشقا تۆۋەن تۇرىدىغان مەلۇم باشقا بىرسى بىلەن بولغان قانداقتۇر بىر مۇناسىۋەت ئۈزۈمگە «ئارتۇق» بىرنېمىنى بېرىدۇ، دەپ ئويلايسەن؟ ئەكسىچە مۇشۇنداق ئوي-خىياللىرىڭ باش بولغۇچىنىڭ ئۆزىگە بىرخىل ئاھانەت ھېسابلانمامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، سىلەرنىڭ دىققىتىڭ، ئوي-زېھنىڭ ئۇنىڭدىن ۋە ھەممە ئىشلارنى توغرىلىغان ئۇلۇغ قۇربانلىقىدىن ئايرىلغان بولسا، سەن دەرۋەقە ھېچ پايدا ئالماي، ئەكسىچە زىيان تارتقۇچى بولۇپ قالىسەن!» دېگەندەك بولىدۇ.

## 11:2 «مەسىھنىڭ سۈننىتى»

«سىلەر ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ قولىسىز بولغان سۈننەت بىلەن سۈننەت قىلىنغانسىلەر؛ دېمەك، مەسىھنىڭ سۈننىتى بىلەن گۇناھلىق ئەتكە باغلانغان تەندىن خالاس قىلىنغانسىلەر»

بۇ ئايەتتىكى «ئادەمنىڭ قولىسىز بولغان سۈننەت» بولسا ئادەمنىڭ ئەتلىرىدە بولغان سۈننەت ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ روھ-قەلبىنى تەندە بولغان گۇناھنىڭ ئۆلۈم ئىلىپ كېلىدىغان كونا قانۇنىيىتىدىن «كېسىپ ئۈزۈش»تىن ئىبارەتتۇر. بۇ توغرۇلۇق «ئەزاكىيال» ھەم «فىلىپپىلىقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بايان قىلىنغان «سۈننەتنىڭ روھىي ئەھمىيىتى» توغرۇلۇق ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ. شۇ يەرلەردە ئىپتىقىنىمىزنى يىغىنچاقلىغاندا، جىسمانىي سۈننەت خۇدا تەرىپىدىن روھىي سۈننەتنىڭ «بېشارەتلىك كۆلەڭگىسى» بولۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەندۇر. ئادەم بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەپسانىيەتچىلىك ۋە يامان ھەۋەسلەردىن «كېسىپ ئۈزۈلگەن» بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن مەسىھكە قاراپ-تايىنىپ ياشاپ، خۇداغا ئۆز روھى ئارقىلىق ئىبادەت قىلىدۇ — مانا بۇ روھىي سۈننەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. مۇنداق ئادەم ھازىر قەلبىدە ۋە روھىدا «خۇدانىڭ ئادىمى»دۇر — روھىي سۈننەت قىلىنغان بولسا، جىسمانىي سۈننەت كېرەك ئەمەستۇر.

ئەمدى روسۇلنىڭ «مەسىھنىڭ سۈننىتى» ئارقىلىق روھىي سۈننەت قوبۇل قىلىمىز، دېگىنىنىڭ مەنىسى نېمە؟ «مەسىھنىڭ سۈننىتى» دېگەن نېمە؟

مۇشۇ يەردىكى «مەسىھنىڭ سۈننىتى» مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن تەۋرات-قانۇندا بېكىتىلگىنى بويىچە مەسىھ ئەيسانىڭ قىلىنغان جىسمانىي جەھەتتىكى سۈننىتى ئەمەس. مەسىھنىڭ بۇ سۈننىتى بارلىق يەھۇدىي ئوغۇل بوۋاقلارنىڭكىگە ئوخشاش سەككىز كۈنلۈك بولغاندا قىلىنغاندى. ئىزاھاتتا ئىپتىقىنىمىزدەك، «مەسىھنىڭ سۈننىتى»نىڭ مۇنداق ئىككى خىل مەنىسى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار: —

(1) «مەسىھ تەرىپىدىن قىلىنغان سۈننەت». بۇ ئېھتىمالغا يېقىن بولغان بىر چۈشەنچە. «روھىي سۈننەت» دەرۋەقە پەقەت مەسىھ تەرىپىدىنلا قىلىنىشى مۇمكىن، دېگەن ھەقىقەتتۇر. ئوقۇرمەنلەر بۇ چۈشەنچە بويىچە ئايەتنى چۈشەنسە مەسىھ توغرۇلۇق بولغان تەلىمات جەھەتتە ھېچقانداق ئازدۇرۇلۇش بولمايدۇ، شۇنداقلا ئومۇمىي ھەقىقەت جەھەتتە زىيان بولمايدۇ.

(2) شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ پىكرىمىز شۇكى، «مەسىھنىڭ سۈننىتى» دېگەن سۆز، بىزگە نىجات يەتكۈزگەن ئۇنىڭ كرېستى ۋە ئۆلۈمىنى كۆرسىتىدۇ. گرېك تىلىدا «سۈننەت» «ئەتراپىي كېسىلگەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە دانىيال پەيغەمبەرنىڭ: («دان.» 27:9) «بۇ ئاتمىش ئىككى «يەتتە ۋاقىت» مەزگىلى ئۆتكەندىن كېيىن مەسىھ ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ (ئۆلتۈرۈلىدۇ)،

ئۇنىڭدا ھېچنەرسە قالمايدۇ» دېگەن بىشارەتكە باغلانغان، دەپ قارايمىز.
بۇنداق «كېسىلىش» پەقەت ئۇنىڭ جېنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەخسىنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆزىگە ئېلىپ خۇدائاتىسىنىڭ ھۇزۇرىدىن ئۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. بىز باشقا بىر كىتابچىدىن سۆز ئالساق: —
«بۇ «كالام» — يەنى مەسىھ، گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ئورنىدا ئەيىبلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنى كرېستكە (دارغا) مىخلىتىپ ئۆلۈشكە تۇتۇپ بەرگەن. ئۇ گۇناھسىز، مۇكەممەل ئادەم بولۇپ، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھەممە ئادەملەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدا خۇدانىڭ گۇناھ ئۈستىگە تۆكمەكچى بولغان غەزەپلىك جازالىرىنى قوبۇل قىلغان. گۇناھنىڭ جازاسى — خۇدادىن ئايرىلىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى خۇدادىن ئۈچ سائەتلىك ئايرىلغان. شۇ ئۈچ سائەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا: —
«ئەيسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئېلى، ئېلى، لەما ساۋاقتانى؟» يەنى «خۇدايىم، خۇدايىم، مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟» دەپ قاتتىق نىدا قىلدى» («مات.» 46:27، «مار.» 24:15)
دېمەك، ئۇ دۇنيادىكى مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك دوزاخ ئازابلىرىنى (دوزاخ — خۇدادىن ئايرىۋېتىلىشتىن ئىبارەت) چەكلىكلا ۋاقىت ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بارلىق بەدەلنى تۆلىۋەتكەن. خۇدا مانا مۇشۇ ۋاستىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ھەم ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنى قانائەتلەندۈرگەن ھەم ھەر بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىكىگە مەڭگۈلۈك ئېرىشەلەيدىغان قىلغان. خۇدا ئۆز كالامى بولغان مەسىھنىڭ مۇكەممەل قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلغان».
بۇنداق چۈشەنچە بىزنىڭ مەسىھنىڭ ئۆلۈمدە ۋە تىرىلىشىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر قىلىنغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدىغان، تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن ئوبدان ماسلىشىدۇ: —

12:2 «شۇنىڭ بىلەن تەڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشتە دەپنە قىلىنغانسىلەر؛ سىلەر يەنە ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەن خۇدانىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردا ئىشلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاش بىلەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تىرىلگەنسىلەر»

## «چۆمۈلدۈرۈلۈش» توغرۇلۇق

«چۆمۈلدۈرۈلۈش» توغرۇلۇق «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. ئىشىنىمىزكى، «چۆمۈلدۈرۈلۈش»، يەنى سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش، خۇدا ئىنسانغا بېكىتكەن «مۇقەددەس روھنىڭ هاياتىغا» تەشنا-تىلەك يولىدۇر. دېمەك، چۆمۈلدۈرۈلۈشنىڭ ئۆزى ئادەمنى قۇتقۇزمايدۇ؛ لېكىن ئۇ ئارقىلىق بىز خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا چۆمۈلدۈرۈلۈشكە، مەڭگۈلۈك هاياتىغا تولدۇرۇلۇشقا بولغان تەشنا-تىلىكىمىزنى خۇدا ئالدىدا بىلدۈرەلەيمىز. «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»، 2:38-42نى كۆرۈڭ. سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگىنىمىزدە تۆۋەندىكى ئىشلار بولۇشى كېرەك: —

(1) بىز يۇرت ئالدىدا، جامائەت ئالدىدا، پۈتكۈل ئالەمدىكى پەرىشتىلەر ۋە بارلىق جىن-شەيتانلار ئالدىدا ۋە خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ مەسىھكە باغلانغان ئېتىقادىمىزنى ئوچۇق ئىپادىلەيمىز ۋە ئېتىراپ قىلىمىز.

(2) ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمىنى گۇناھىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ ئېتىراپ قىلىمىز.

(3) بىز ئۇنىڭ ئارقىلىق توۋا قىلىشىمىزنى ئىپادىلەيمىز. «كونا هايات»ىمىزنىڭ خۇدا ئالدىدىكى ئەرزىمەسلىكىنى، «دەپنە قىلىش»ى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز (دېمەك، چۆمۈلدۈرۈلۈش «كونا مەن»نىڭ دەپنە مۇراسىمىدۇر).

(4) خۇدانىڭ «يېڭى هايات» توغرۇلۇق ۋەدىسىگە قاراپ ئىشەنچ بىلەن خۇدادىن بىزگە يېڭى هايات، يەنى مەڭگۈلۈك هايات ئېلىپ كېلىدىغان مۇقەددەس روھىنى تەقدىم قىلغايسەن دەپ جىددىي ئىلتىجا قىلىمىز.

(5) بىر چۆمۈلدۈرۈلۈشنى جامائەتنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسىنىڭ قولىدا قوبۇل قىلغىنىمىزدا، خۇدانىڭ ئۆز جامائىتىگە مۇناسىۋەتلىكلىكىمىز، شۇنداقلا جامائەتنىڭ بىر-بىرىگە موهتاجلىقىنى ۋە بىر-بىرىگە بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز.

14:2 «بەلگىلىمىلەردە ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلىدىغان، بىزنى ئەيىبلەيدىغان پۈتۈكلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى؛ ئۇ ئۇلارنى بىزدىن نېرى قىلدى، كرېستكە مىخلاتقۇزدى».

پاۋلۇس بۇ ئاجايىب ئايەتلەردە (10-15) مەسىھنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن كرېستتە مىخلىنىپ ئادا قىلغانلىرىنىڭ بارلىقىنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىدۇ. مۇشۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرىنچى سوئالى «بۇ «بەلگىلىمىلەردە ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان ئۇستىمىزدىن ئەرز قىلىدىغان، بىزنى ئەيىبلەيدىغان پۈتۈكلەر» دېگەن نېمە؟» بولۇشى مۇمكىن.

گرېك تىلىدىكى «پۈتۈكلەر» دېگەننى ئىپادىلىگەن «خېئىرگرافون» دېگەن سۆز ئەسلى «قەرزنامە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ تىلغا ئالغان «بەلگىلىمىلەر» بولسا شۈبھىسىزكى، تەۋرات قانۇنىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك بەلگىلىمىلەردۇر. ئادەتتە پاۋلۇس بۇ بەلگىلىمىلەرنى كۆرسەتكىنىدە، پەقەت يەھۇدىيلارغا قاراتىلغانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ؛ ئەمما مۇشۇ يەردە «بەلگىلىمىلەر» شۈبھىسىزكى، «رىم.» 4:8دە بايان قىلىنغان «قانۇندىكى ھەققانىي تەلەپلەر» دەپ ئاتالغان ئەمرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر كۆپلىگەن گۇناھلىرىمىزنى پاش قىلىپ، بىزنى نوقۇپ ئەرز قىلغۇچى قولدەك ياكى بولمىسا بىزنى سانجىشقا تەييارلانغان قىلىچ ياكى تىگىشلىك بولغان ئۆلۈم جازاسىنى بېكىتىشكە تەييارلانغان مىخلاردەك تۇرىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئورنىدا مەسىھ بۇ ئەرز قىلغۇچى مىخلاردەك بەلگىلىمىلەرنى ئۆز شەخسىگە قارىتىپ، بۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزىگە قاراتتى. بۇ جازانى ئۇ ئۆزى كۆتۈردى؛ ۋە شۇنداق قىلىپ بۇ بەلگىلىمىلەر «كرېستكە مىخلانغان» ھالدا قالدى — ئۇلارنىڭ جازا كۈچلىرى تۈگەپ بولدى، ئۇلاردا ئېتىقاد قىلغۇچى بىزلەرگە ھېچقانداق ئەرزلەر قالمىدى. ھەمدۇسانا!

رىم ئىمپېرىيەسىدىكى كونا بىر ئادەت بويىچە، قەرز تۆلىگەندىن كېيىن، قەرزنامە ئۈستىگە گرېك ھەرپى «خاي»نىڭ چوڭ يېزىلىشى (C) سىزىلاتتى. ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىقكى، بۇ ھەرپ كرېست شەكلىدە ئىدى. مەسىھ ھەربىرىمىزنى دوزاخقا ئەۋەتىدىغان قەرزنامىنى جىجاپ تاشلىغاندۇر!

## 15:2 «ئۇ ھۆكۈمدارلاردىن ۋە ھوقۇقدارلاردىن ئولجا ئېلىپ، كرېستتە ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تەنتەنە بىلەن غەلىبە قىلدى».

مەسىھ بۇ يامان روھلار بولغان ھۆكۈمدارلاردىن نېمىنى «ئولجا» ئالغان دەپ سورىساق، جاۋاب شۈبھىسىزكى، «ئۆزىگە ئېتىقاد باغلىغۇچىلارنى ئولجا ئالغان». چۈنكى ئۇنىڭغا

ئېتىقاد باغلىغىنىمىزدا ھەرقانداق يامان روھلارنىڭ خوجايىنلىقىدىن ياكى شەيتاننىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلىمىز. ئۆزىنى مەسىھكە تاپشۇرغان ھەربىر كىشىنىڭ جىن-شەيتانلاردىن قورقۇشىنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوقتۇر ۋە شۇنداقلا ئۇ «يامان روھلارنى رەنجىتمەي ئۇلار رازى قىلىنسۇن» دېگەندەك تۈگىمەس ئىشلاردىن خالاس بولدى. خۇدا بىزنى ئۆز پادىشاھلىقىغا يۆتكەپ ئۆزى بىزگە ئىگىدارچىلىق قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز يامان روھلارنىڭ ئىلكىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇق. خۇداغا بويسۇنۇپ يۈرسەك رەزىل بولغۇچى بىزگە تېگەلمەيدۇ؛ ئۇ بىزگە ھۇجۇم قىلسا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىش ھوقۇقىمىز بولىدۇ؛ چۈنكى غالىبىيەتنى مەسىھ ئاللىقاچان قازاندى!

بىز مەسىھنىڭ كرېستكە مىخلىنىشىنى شەيتاننىڭ قۇترىتىشلىرى ۋە ئېزىتقۇلۇقى بىلەن ئىنسانلار (ساتقۇن يەھۇدا ئىشقارىئوت، يەھۇدىي باش كاھىنلار، رىملىق ۋالىي پىلاتۇس ۋە رىملىق لەشكەرلەر) تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن دەپ چۈشىنىمىز. يامان روھلارنىڭ مەقستى شۈبھىسىزكى، مەسىھنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى؛ ئەمما ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقمىدى («1كور.» 8:2نى كۆرۈڭ). ئۇنى كرېستتە يوقىتىشىنىڭ ئورنىدا، ئەكسىچە ئۇلار پەقەتلا خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك مەقسەت-مۇددىئالىرىنى ئادا قىلىپ، مەسىھنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق كۆتۈرگۈچى قىلدى، خالاس. مەسىھنىڭ ئۆلۈمدە بولغان غالىبىيتى ئۇنىڭ تىرىلىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ؛ شۇنىڭدەك يامان روھلارنىڭ غەلىبىلىك تەنتەنىسىنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ خۇداغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى، خۇدانىڭ مېھرىگە ئىشەنمەسلىكىدە بولغان ئەخمىقانىلىكى ئوچۇق رەسۋا قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئولجا-ئىگىلىكلىرى (يەنى، ئىشەنگەن بىزلەر) تارتىۋېلىندى.

## 17:2 «كۆلەڭگە ۋە جىسىم»
## «بۇ ئىشلار بولسا بىر كۆلەڭگە، خالاس؛ ئۇنىڭ جىسمى بولسا مەسىھنىڭكىدۇر!»

بۇ كۆرۈنۈشتە ئاددىي بولغان باياندا تەلىماتنىڭ شۇنچە زور بايلىقلىرى بىزگە ئايان قىلىنىپ ئېچىپ بېرىلدى! بۇ ئىش ئۇستىدە ئەستايىدىل ئويلانغۇچى ئۇچۇن مەسىھنىڭ شۇنچە كۆپ شەرەپلىرى ئايان قىلىنىدۇ!

بۇ بايانىدىن كۆرىمىزكى، تەۋراتتىكى بارلىق بەلگىلىمىلەر قانچىلىك ئىنچىكە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەربىر تەپسىلاتلىرى مەسىھنى، ئۇنىڭ شان-شەرەپلىرىنى، ئۇنىڭ قۇربانلىقىنى، ئۇنىڭ بولىدىغان خەلق-جامائىتىنى، ئۇنىڭ قىلىدىغان بارلىق ئىشلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىرخىل بېشارەتتىن ئىبارەتتۇر. سەھىپە چەكلىمىسى بولغاچقا، مۇشۇ يەردە ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلالمىدۇق. شۈبھىسىزكى، بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ كۆپ تەپسىلاتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى دەسلەپتە مۈجمەل كۆرۈنىدۇ؛ ئەمما ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۈستىدە ئىمان-ئىشەنچ ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئاخىرى ئۇلارنىڭ بېشارەتلىك، سىرلىق ئەھمىيەتلىرى كۆپ جەھەتلەردە ئېچىپ بېرىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

بۇ ئىشلارغا مىسال بىلەن خۇلاسە قىلايلى. ئائىلىڭىزگە ئۇزۇندىن بېرى يار-يۆلەك بولۇپ كەلگەن ئەمما سىلەر كۆرۈپ باقمىغان، شىرەم تۇغقىنىڭىز بولغان مېھرىبان بىر تاغىڭىز بار دەپ ئېيتايلۇق. بۇ تاغىڭىزنىڭ يۈكسەك ئابرۇيى ۋە نامىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە كىرىۋالغان كۆپ دۈشمەنلىرى بار بولىدۇ. شۇڭا ئالدامچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە تونۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇ رەسسامغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ سىلەرگە ئەۋەتىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ رەسىم ئۆيىڭىزدە ھۆرمەتلىك ئورۇندا ئېسىقلىق تۇرىدۇ؛ سىلەر تاغاڭلار كەلسە ھېچقانداق خاتالىق بولمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا پات-پات قارايسىلەر؛ ۋە يەنە بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىشقا، كۆپ ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىش كۈنىنىڭ كېلىشىگە تەشنا بولۇپ ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قارايسىلەر. بۇ ئىنتىزار بولغان كۈن يېتىپ كېلىپ، تاغاڭلار سىلەر بىلەن بىللە تۇرغاندا، بۇ رەسىم پەقەت ئىككىلەمچى رول ئوينايدۇ، خالاس؛ شۈبھىسىزكى، سىلەر رەسىمنى يەنە ئەتىۋارلايسىلەر، ئەمما ئۇنىڭ ھازىر كېرىكى بولمايدۇ. «مەسىھنىڭ رەسىمى» بولغان تەۋراتتىكى بەلگىلىمىلەر بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. بىز يېڭى ئەھدىنىڭ جەۋھىرىدە ياشىغان بولساق، قەلبىمىزگە ئۇنىڭ مۇھەببىتى يېتىپ، گۇناھنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزغاندا، بەلگىلىمىلەر كېرەكسىز بولۇپ قالىدۇ. بىز بەلگىلىمىلەرنىڭ سۆيۈملۈك مەسىھىمىزنى شۇنچە ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۇ توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەنلىكى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىشىمىز مۇمكىن، ئەلۋەتتە؛ ئەمما ھازىر بۇ شەخسنىڭ ئۆزى بىز بىلەن بىللىدۇر!

شۇڭا پاۋلۇس شۇنى ئېيتىدۇكى، مەسىھنى قوبۇل قىلغان ھەركىمنىڭ تەۋراتتىكى بەلگىلىمىلەرگە ھاجىتى يوقتۇر؛ ئۇ ئاللىقاچان پاك-مۇقەددەس ۋە مۇھەببەتلىك ھايات ئۆتكۈزۈشكە باشلىغاندۇر.

4:3 «ئەمما ھاياتىمىز بولغان مەسىھ ئاشكارىلانغان چاغدا، شۇ ئان سىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە شان-شەرەپتە ئاشكارىلىنىدىغان بولىسىلەر»

روسۇل پاۋلۇسنىڭ بۇ باياننى مەسىھ بۇ زېمىنغا قايتىپ كەلگەندە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ قىسقا بىر يىغىندىسىدۇر.
بىز مۇقەددەس كىتابتىكى بۇ توغرۇلۇق بەزى باشقا بايانلارغا بولغان چۈشەنچىمىز بويىچە بولىدىغان ئىشلارنىڭ تەرتىپى بەلكىم تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: —
(1) مەسىھ ئاسماندىن زېمىنغا چۈشۈشكە باشلىغىنىدا، ئۇ زور ئاۋازدا خۇدانىڭ زېمىندا تۇرۇۋاتقان بارلىق مۇقەددەس بەندىلىرىنى ئۆزىگە چارقىرىدۇ؛ ئۇنىڭ بۇ قاتتىق تووۇلىشى بىلەن مەسىھدە ئۆلگەن كىشىلەر تىرىلدۈرۈلىدۇ ۋە زېمىندا تىرىك قالغان ئىشەنگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە مەسىھ بىلەن ئۇچرىشىشقا ھاۋاغا ئۇچۇرۇلىدۇ («1تېس.» 16:4).
(2) بۇ ئۇچرىشىشتا مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ بارلىق قىلغانلىرى «مەسىھنىڭ سوراق تەختى»نىڭ ئالدىدا ئۆلچەملىنىپ باھالىنىدۇ («2كور.» 10:5)
(3) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز كۆزى بىلەن مەسىھنى كۆرگەندە، ئىچ-ۋۇجۇدىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇكەممەل پەزىلەتلىك، مۇھەببەتلىك، پاك-مۇقەددەس بولۇشقا پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلىدۇ. ئىچىدىكى بارلىق گۇناھلىرى مەڭگۈ ئارقىدا قالىدۇ. بۇنداق ئۆزگەرتىلىش ئوتتا تاۋلىنىشقا ئوخشىغىنى بىلەن، بۇ ئوت ئاجايىپ تىلسىمات بىر ئوت، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ مۇھەببەتلىك ئوتى بولىدۇ؛ ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھنىڭ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس («پەند.» 8:20 «پادىشاھ ئادالەت تەختىدە ئولتۇرغاندا، ھەممە يامانلىقنى كۆزى بىلەن قوغلايدۇ»).
شۇ چاغدا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتى، تىرىلىشتە قانداق تەنگە ئىگە بولىدىغانلىقى بولسا، بۇ تېخى بىر سىردۇر. پاۋلۇس مۇشۇ يەردە قىياپىتى ئىنتايىن شان-شەرەپلىك، ياكى «شان-شەرەپتە» بولىدۇ، دەيدۇ («1كور.» 23-21:15، 35-38، «1يۇھ.» 2:3-3نىمۇ كۆرۈڭ).
(4) گەرچە خۇدانىڭ مىليونلىغان خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئۆمۈرلۈك ئىشلىرى بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتقا نىسبەتەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى «بىر دەقىقىدە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە» يۈز بېرىدۇ («1كور.» 52:15).

(5) مەسىھ ئاندىن ئۆز خەلقىنى بىللە ئېلىپ يەر يۈزىگە قايتىپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئۇلاردىمۇ كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇلاردا بولغان شان-شەرىپى تۈپەيلىدىن پۈتكۈل جاھان ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ («2تېس.» 1:7-10نى ۋە پاۋلۇسنىڭ مۇشۇ 4:3-ئايەتتىكى سۆزىنى كۆرۈڭ).

(6) ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى نىجات تاپىدۇ («رىم.» 26:11-27).

(7) مەسىھ ئىسرائىلنى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان بارلىق ئەل-يۇرتلاردىن قۇتقۇزىدۇ («زەك.» 12-باب). ئۇنىڭ پۇتى ئۇ ئەسلىدە ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈلگەن زەيتۇن تېغىنىڭ ئۈستىدە قايتا تۇرىدۇ («زەك.» 1:14-4). شۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ كۆپى باشقا ئۆلگەنلەر بىلەن بىللە ئاخىرقى سوراقنى كۈتۈش ئۈچۈن شۇ ھامان تەھتىساراغا چۈشۈرۈلىدۇ.

(8) مەسىھ زېمىندا 1000 يىل ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى بولىدۇ.

(9) 1000 يىلدىن كېيىن ئاخىرقى سوراق بولىدۇ (قىيامەت كۈنى).

بۇ ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ باشقا بەزى جەھەتلىرى توغرىسىدا «يوئېل»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

## 12:3 ئىنجىلدا كۆرسىتىلگەن «مۆمىنلىك»نىڭ مەنىسى

تەۋرات ۋە ئىنجىلدا «مۆمىنلىك» ياكى «يۇۋاش مۆمىنلىك» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ تولىمۇ ئالاھىدە مەنىسى بار. مەسىھ ئەيسا «مۇبارەك، ياۋاش-مۆمىنلەر! چۈنكى ئۇلار يەر يۈزىگە مىراسخوردۇر» دەپ تەلىم بەردى («مات.» 5:5). خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا مۆمىن كىشى ئۆزىدىن كۈچلۈك باشقا بىرسى ئالدىدا قورقۇنچتىن يول قويىدىغان كىشى ئەمەس. ئۇ بەلكى خۇدانىڭ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان ۋەدىلىرىنى ئىنساننىڭ كۈچىدىن زىيادە يۇقىرى، زىيادە ئۈستۈن دەپ بىلىدۇ؛ شۇنداقلا خۇدانىڭ ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «مۇشۇ دۇنيادىكىلەر تۇتقان يوللار»، يەنى زوراۋانلىق، تالاش-تارتىش، جېدەل-ئۇرۇشلارنى ئىشلىتىشتىن قول ئۈزگەن كىشىدۇر. باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇش، جېدەللىشىش خۇدانىڭ يوللىرى ئەمەس، خۇدا ئۆز ئادەملىرىنىڭ «ئۆز ھوقۇقلىرى»غا ئېرىشىشى ئۈچۈن، شۇلارنى ئىشلىتىشكە يول قويمايدۇ.

بۇنىڭغا ھەم تەۋرات ھەم ئىنجىلدىن يۈزلىگەن مىسال كەلتۈرەلەيتتۇق، ئەمما ئۈچ مىسال كۇپايە دەپ قارايمىز: —

(1-مىسال) («يار.» 13-باب). ئىبراھىمنىڭ پادىچىلىرى بىلەن لۇتنىڭ پادىچىلىرى پادىلىرىنىڭ ئىنتايىن تېز كۆپەيگەنلىكىدىن، جەنۇبىي پەلەستىندىكى يايلاقلاردا بىر-بىرىگە سوقۇلۇشۇپ كېتىشكەندى. خۇدا ئاللىقاچان ئىبراھىمغا، مۇشۇ بارلىق زېمىننى «ساڭا ۋە ئەۋلادلىرىڭغا تەقدىم قىلىمەن»، دەپ ۋەدە قىلغان بولسىمۇ (7:12)، ئەمما ئىبراھىم لۇت (ئىماننىڭ ئىشلىرىنى ئانچە چۈشەنمىگەن بىر ئادەم)قا: «بۇ زېمىن مېنىڭكى، چۈنكى ھەممىگە قادىر ئۇنى ماڭا ۋەدە قىلدى» دېمىدى. ئۇ بەلكى لۇتقا: «مانا، زېمىن ئالدىڭدا تۇرىدۇ؛ سەن قايسى تەرەپنى خالساڭ شۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقىن؛ مەن باشقا تەرەپنى ئېلىپ شۇ يەردە تۇرىمەن» دېدى. مانا بۇ مۆمىنلىكتۇر!

لۇت ئىنتايىن مۇنبەت ئىئوردان جىلغىسىنى تاللىۋېلىپ شۇ يەرگە بېرىپ تۇردى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن خۇدا ئىبراھىمغا يەنە سۆز قىلىپ ئۆز ۋەدىسىنى تەستىقلاپ: «شىمالنى، جەنۇبنى، شەرقنى، غەربنى ئوبدان كۆرۈپ باق؛ مۇشۇ زېمىننىڭ ھەممىسى سېنىڭكى بولىدۇ!» دېدى. كېيىن خۇدا جازالىرىنى ئىئوردان جىلغىسىدىكى شەھەرلەر ئۈستىگە چۈشۈرگەندىن كېيىن لۇت ۋە ئەۋلادلىرى ئىئوردان دەرياسىنىڭ چەت تەرىپىگە كۆچۈپ ھازىرقى «ئىئوردانىيە» دېگەن دۆلەتنىڭ زېمىنىدە ئولتۇراقلاشتى. ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا قانائان (پەلەستىن)نىڭ بارلىق زېمىنىگە مىراسخور بولدى.

(2-مىسال) مۇسا پەيغەمبەر بىر قېتىم ھارۇن ۋە مەريەم تەرىپىدىن «سەن خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشباشتاقلىق بىلەن ئۆزۈڭنى چوڭ قىلىپ ئىسرائىل خەلقىگە يېتەكچى بولۇۋالدىڭ» دەپ ئەرز قىلىندى. ئەمما مۇسا پەيغەمبەر ھېچ تالاشماي ئۈندىمىدى. مۇقەددەس كىتابتا ئۇنىڭ توغرۇلۇق: «مۇسا دېگەن ئادەم ئىنتايىن مۆمىن، يەر يۈزىدىلەرنىڭ ھەممىسىدىن مۆمىن ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەندۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇدانىڭ پات ئارىدا ئۆزىنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىنى تەستىقلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىپ،

جېدەللەشمىدى؛ ۋە دەرۋەقە خۇدا ئۇزۇن ئۆتمەي روشەن ھالدا شۇنداق قىلدى.
«چۆل.» 12:1-15نى كۆرۈڭ.

(3-مىسال) داۋۇت پەيغەمبەر سەبىي بالا ۋاقتىدا، سامۇئىل پەيغەمبەر داۋۇتنىڭ جەمەتىدىكىلەرنى يوقلاپ بارغاندا ئۇنىڭغا: «سەن كەلگۈسىدە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولىسەن» دەپ بېشارەت بەرگەنىدى. شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھ سائۇل بولسا خۇداغا ۋاپاسىز ھالدا ھۆكۈمرانلىق سۈرەتتى؛ ئۇ پات ئارىدا كۆڭلىگە داۋۇتنى ئۆلتۈرۈشنى پۈككەنىدى. بىر كۈنى سائۇل ۋە لەشكەرلىرى داۋۇتنى قوغلىغاندا، دەل داۋۇت ۋە ئادەملىرى يوشۇرۇنىۋالغان ئۆڭكۈرگە ئەھۋالدىن خەۋەرسىز كىرىپ قالدى ۋە شۇ يەردە قونۇپ قېلىشتى. سائۇل ۋە لەشكەرلىرى ئۇخلاۋاتقاندا داۋۇتقا ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى چىققانىدى. ئەمما ئۇ شۇنداق قىلىشنى رەت قىلدى؛ چۈنكى ئۇمۇ خۇدانىڭ ۋەدىلىرى زوراۋانلىق ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. سائۇل ھايات ۋاقتىدا داۋۇتقا «مەندىن كېيىن سەن پادىشاھ بولىسەن» دەپ ئېتىراپ قىلغان. سائۇل دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، داۋۇت ئاخىرىدا پادىشاھ بولدى، ئەلۋەتتە.

سەگەك ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتىن، يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزدىن سىرت بولغان بەزى ئەھۋاللارنى بەلكىم بايقىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئالاھىدە ئەھۋاللار خۇدانىڭ ئىسرائىلغا تاپشۇرغان، ئىنتايىن رەزىللەشكەن مەلۇم ئەللەرگە ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقلىرىدىن ئىبارەتتۇر. خۇدانىڭ بۇنداق بۇيرۇقلىرىدا بولغان مەقسىتى بولسا: —
(ئا) ئىسرائىل (ۋە ھەتتا باشقا ئەللەر)نى بۇ ئەللەرنىڭ ئەۋجىگە چىققان رەزىللىكى تۈپەيلىدىن بۇلغىنىشتىن ساقلاش ئۈچۈن؛ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش قۇتقۇزغۇچى-مەسىھدە بولغان تولۇق نىجات دۇنياغا كەلگۈچە (يەنى ئىنجىل دەۋرگىچە) ۋاقىتلىق بىر تەدبىر ئىدى.
(ئە) ئىسرائىلغا ۋە باشقىلارغا ئاگاھ بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بارلىق رەزىللىك ئۈستىگە تۆكۈلىدىغان غەزىپىنى كۆرسىتىدىغان بىر مىسال بولۇشى ئۈچۈن ئىدى.

مۇشۇنداق ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسى مەسىھ ئۆز قېنى بىلەن تۆزگەن يېڭى ئەھدە بىلەن پۈتۈنلەي بىكار قىلىۋېتىلدى. مەسىھكە باغلانغان ئېتىقادى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۇناھلىق تەبىئىتى ئۆزگەرتىلگەن كىشىلەر بولسا خۇدانىڭ ئۆز روھىنىڭ قەلب-

باغرىدا تۇرۇشىغا نېسىۋىلىكتۇر. مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بولسا ئادەمنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق رەزىللىكنىڭ تەسىرىدىن ئۈستۈندۇر. مەسىھدە بولغان نىجات بولسا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پەسەندە ئادەملىرىمۇ ئۈچۈندۇر. بۇ توغرۇلۇق پاۋلۇسنىڭ تىموتىيغا ئېيتقان سۆزلىرىگە قاراڭ («1تىم» 1:15-16): —

«مۇشۇ سۆز ئىشەنچلىك ۋە ھەر ئادەم ئۇنى قوبۇل قىلىشى تېگىشلىكتۇر — «مەسىھ ئەيسا گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى!». مەن گۇناھكارلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەشەددىيسىدۇرمەن! لېكىن دەل شۇ سەۋەبتىن مەسىھ ئەيسانىڭ ئەڭ ئەشەددىي گۇناھكار بولغان مېنى، كېيىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدىغانلارغا مىسال قىلىپ مەندە ئۆزىنىڭ بارلىق سەۋر-تاقىتىنى ئايان قىلىشى ئۈچۈن، ماڭا رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىلگەندۇر».

## 15:3 «مەسىھنىڭ خاتىرجەملىكى قەلبىڭلاردا ھۆكۈم سۈرسۇن»

مانا بۇ ئايەت بىزگە مۇقەددەس روھنىڭ ئىنتايىن ئەسقاتىدىغان بىر نەسىھىتى بولىدۇ. رەب ئەيسا مەسىھ مۇخلىسلىرىغا: «سىلەرگە خاتىرجەملىك قالدۇرىمەن، ئۆز خاتىرجەملىكىمنى سىلەرگە بېرىمەن؛ مېنىڭ سىلەرگە بەرگىنىم بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ بەرگىنىدەك ئەمەستۇر» دەپ ۋەدە قىلغان («يۇھ.» 14:27).

«بۇ دۇنيا» كۆپ نەرسىلەرنى بېرىدۇ، ئەمما بېرىلگەن نەرسىلەر ھەردائىم ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن شەرتلەرگە باغلىق بولىدۇ. بۇنداق بىر «سوۋغات» بېرىلگىنىدە ياكى ياردەم قىلىنغاندا، كەلگۈسىدە بۇ «سوۋغات»نىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسە قايتۇرۇلۇشى كېرەك بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، مۇقەددەس كىتابتا دېيىلگەندەك بۇ ھەقىقىي بىر «سوۋغات» بولمايدۇ، چۈنكى ھەردائىم ئۇنىڭغا يوشۇرۇن باھا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئەمما خۇدانىڭ سوۋغاتلىرى بولسا «ئوچۇق قوللۇق بىلەن ئىختىيارەن بېرىلگەن» — ئۇلاردا ھېچقانداق يوشۇرۇن شەرتلەر يوقتۇر («1كور.» 12:2).

مەسىھ ئەيسا بۇ ۋەدىسىنى قىلغاندىن بىرى ھەربىر ئىشەنگۈچىدە «ئۆز ۋۇجۇدۇمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە خاتىرجەملىك تۇرىدۇ»، دەيدىغان قىممەتلىك گۇۋاھلىقى بولىدۇ. ئەمما بەزى ۋاقىتلاردا بۇ خاتىرجەملىك بۇزۇلىدۇ ياكى بىزدىن ئېلىپ كېتىلىدۇ. شۇنداق

بولغاندا، سەۋەبىنى ئىزدىشىمىز كېرەك، ۋە ھەردائىم ئۆزىمىزدىنلا تېپىلىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل. پاۋلۇس مۇشۇ سۆزىنى مەسىھنىڭ تېنى بولغان جامائەتتە بىر-بىرىنى كەچۈرۈم قىلىش، ھەربىر مۇناسىۋەتنىڭ مۇھەببەت ئىچىدە بولۇشى كېرەكلىكىگە تەتبىقلايدۇ (12-14). بىز بىر-بىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلمىساق، قەلبىمىزدىكى خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم بولىمىز؛ بۇ خاتىرجەملىك خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە بولغان ئەڭ ئېنىق ئالامەتلەردىن بىرىدۇر.

ئەمما كۆپ باشقا ئەھۋاللاردىمۇ خاتىرجەملىك قەلبىمىزدىن كەتكەنلىكىنى بايقايمىز. مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا سەممىي ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن خاتىرجەملىكنىڭ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش ھەرگىز تەس ئەمەس؛ بەلكىم بىز باشقا بىرسىگە ئۆۋال قىلغان، بىئادىل بىر سۆز ئېيتقان، يالغان گەپ قىلغان، مەلۇم بىرنەرسىنى ئوغرىلىغان؛ ياكى بەلكىم خۇدانىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ياكى ئۇ ئېنىق مەنئى قىلغان بىر ئىشنى قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن؛ بەزى ئەھۋالدا بىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى قارار قىلىشىمىز بىلەن (بۇ ئىشنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق «ھاراملىق» بولمىسىمۇ)، بۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلانغانسېرى خۇدانىڭ خاتىرجەملىكى بىزدىن تاسادىپىي قېچىپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا: «مەسىھنىڭ خاتىرجەملىكى قەلبىڭلاردا ھۆكۈم سۈرسۇن» — مەسىھنىڭ خاتىرجەملىكىنى ھەممە ئىش-ھەرىكىتىمىز ئۈستىدىن «توغرا» ياكى «توغرا ئەمەس» دەپ ھۆكۈم چىقارغۇچى بولۇشقا يول قويۇپ، ئىشلىرىمىزنى توغرىلىساق، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى قايتىپ كېلىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ بىز نۇرغۇنلىغان بالا-قازادىن قۇتۇلىمىز، كېيىنكى كۆپلىگەن پۇشايمان-ھەسرەتلەردىن ساقلىنىپ قالىمىز.

6:4 «سىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىڭلار ھەردائىم مېھىر-شەپقەت بىلەن بولسۇن، تۇز بىلەن تېتىتىلسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ھەربىر ئادەمگە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلىسىلەر»

ئوقۇرمەنلەر بەلكىم روسۇلنىڭ بۇ گېپىدىكى «تۇز»نىڭ نېمىنى كۆرسەتكەنلىكىگە قىزىققان بولۇشى مۇمكىن. شۈبھىسىزكى، ئۇ بۇ يەردە رەب ئەيسانىڭ ئۆز مۇخلىسلىرىغا ئېيتقان: «سىلەر يەر يۈزىنىڭ تۇزىدۇرسىلەر... سىلەر دۇنيانىڭ نۇرىدۇرسىلەر...» دېگەن سۆزلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ («مات.» 5:13-14). ئىنسانلار ئۈچۈن تۇزنىڭ بەلكىم ئۈچ چوڭ پايدىلىق يېرى بار: —

(1) ئاش-تائامغا تەم قوشۇش؛

(2) گۆش، كۆكتاتلارنى سېسسىپ، چىرىپ كېتىشتىن ساقلاش؛

(3) زېدە-يارىلارنى يۇقۇملىنىش، بۇزۇلۇشتىن ساقلاش.

رەب ئەيسانىڭ (ۋە پاۋلۇسنىڭ) سۆزلىرىدە بۇ ئۈچ مەنە كۆچمە ھالدا قوللىنىلغان. خۇدانىڭ ھەمراھلىقىدا ياشىغان كىشىنىڭ «تەملىك ھاياتى» باردۇر؛ ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىمۇ خۇدانى تونۇشقا ئاچ-تەشنا قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ دۇرۇس، دىيانەتلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ھەققانىي قىلغانلىرى جەمئىيەتتە چىرىتىدىغان تەسىرلەرگە توسالغۇ بولىدۇ. ۋە گۇناھنىڭ تەسىرلىرى ئىنسانىنىڭ ۋىجدانىغا يۇقتۇرۇلغان بولسا ئۇنىڭ سۆزلىرى بەلكىم يارىغا سۈرۈلگەن تۇزدەك نەشتەردەك سانجىلىدۇ؛ ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ سانجىشىنى قوبۇل قىلغان بولسا ئۇنداقتا شىپا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئېتىقادچىلارنىڭ سۆزلىرى تېتىقسىز ئەمەس، بەلكى تەملىك بولۇشى، تۇزدەك ۋىجداننى ئېچىشتۇرىدىغان بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر «مېھىر-شەپقەت بىلەن» ئېيتىلغان بولسا ئادەمنىڭ گۇناھىنى بېكىتكۈچى بولمايدۇ، بەلكى خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى، گۇناھلاردىن قۇتقۇزۇلىدىغان نىجاتلىق يولىنىڭ بارلىقىنى دائىم يۈرىتىپ تۇرىدىغان بولىدۇ.

# ئىنجىل 13-قىسىم

# «تېسالونىكالىقلارغا (1)»

## روسۇل پاۋلۇسنىڭ تېسالونىكا شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان بىرىنچى مەكتۇپى

## كىرىش سۆز

تېسالونىكا شەھىرى (بۈگۈنكى گرېتسىيەدىكى سالونىكا) ئەينى ۋاقىتتىكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ماكېدونىيە ئۆلكىسىگە جايلاشقان، يىپەك سودىسى قىلىدىغان چوڭ مەركەز ئىدى. روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئۇ يەرگە مەسىھنى جاكارلاش ئۈچۈن تۇنجى بېرىشى «روس.» 17:1-10دە خاتىرىلەنگەن. بۇ ۋەقەلەر مىلادىيە 52- ياكى 53-يىلى يۈز بەرگەن. تېسالونىكادىكى جامائەتنىڭ ئەھۋالىنى، شۇنداقلا بۇ خەتنى ئوبدان چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن ئىنجىلدىكى بۇ قىسىمدىن كۆپ ئايەتلەرنى تولۇق نەقىل كەلتۈرىمىز: — «ئۇلار سەپىرىنى داۋام قىلىپ ئامفىپولىس ۋە ئاپوللونىيا شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، تېسالونىكا شەھىرىگە كەلدى. ئۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگى (ئىبادەتخانىسى) بار ئىدى. پاۋلۇس ئادىتى بويىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇدا ئۈچ شابات كۈنى ئۇ يەردە جەم بولغانلار بىلەن مۇقەددەس يازمىلارنى شەرھلەپ مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارغا مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقاندىن كېيىن ئۆلۈمدىن تىرىلىشى مۇقەررەر دەپ ھەم چۈشەندۈردى ھەم ئىسپاتلىدى ۋە: — مەن سىلەرگە جاكارلىغان مۇشۇ ئەيسا دەل قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ ئۆزى شۇ! — دېدى.

يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلەر قايىل بولۇپ ئىشىنىپ، پاۋلۇس بىلەن سىلاسقا قوشۇلدى؛ شۇنداقلا خۇدادىن قورقىدىغان گرېكلەردىن زور بىر توپ ئادەملەر ۋە ئاز بولمىغان يۇقىرى تەبىقىدىكى گرېك ئاياللارمۇ شۇنداق ئىشەندى. بىراق يەھۇدىيلار بۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، بىرنەچچە قەبىھ ئادەملەرنى يىغىپ، بىر توپ ئادەملەرنى توپلاپ، شەھەرنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. يەھۇدىيلار پاۋلۇس بىلەن سىلاسنى تۇتۇپ، شەھەر خەلق كېڭەشمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە ياسۇن ئىسىملىك بىرسىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ باردى. لېكىن ئۇلار ئىككىيلەننى تاپالماي ئۇلار ياسۇن ۋە باشقا بىرنەچچە قېرىنداشنى شەھەر ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئاپىرىپ:

— ھەممە جايلاردا ئالەمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئاشۇ ئادەملەر مۇشۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى؛ ياسۇن ئۇلارنى ئۆيىدە قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئەيسا ئىسىملىك باشقا بىر پادىشاھ بار دەپ، رىم ئىمپېراتورى قەيسەرنىڭ پەرمانلىرىغا قارشى چىقىۋاتىدۇ! — دەپ چۇقان سېلىشتى.

ئۇلار بۇ سۆزلەر بىلەن شەھەر ئەمەلدارلىرى بىلەن خالايىقنى دەككە-دۈككىگە سېلىپ قويدى. شەھەر ئەمەلدارلىرى ياسۇن ۋە باشقا تۇتۇپ كېلىنگەنلەردىن كاپالەت پۇلى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قويۇۋەتتى.

## بېرىيا شەھىرىدە

قېرىنداشلار ھايال بولماي پاۋلۇس بىلەن سىلاسنى شۇ كۈنى كېچىدە بېرىيا شەھىرىگە ئەۋەتىۋەتتى. ئۇلار ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگىغا كىردى..

... لېكىن تېسالونىكادىكى يەھۇدىيلار خۇدانىڭ سۆز-كالامىنىڭ پاۋلۇس ئارقىلىق بېرىيادىمۇ جاكارلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگىمۇ بېرىپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇپ، ئاممىنى قۇتراتتى. شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلار پاۋلۇسنى دەرھال دېڭىز بويىغا ئەۋەتىۋەتتى. سىلاس بىلەن تىموتىي بولسا بېرىيادا قالدى. پاۋلۇسنى ئۇزىتىپ ماڭغانلار ئۇنى ئافىنا شەھىرىگىچە

ئېلىپ باردى. ئاندىن ئۇلار پاۋلۇسنىڭ: —
«سىلەر سىلاس بىلەن تىموتىيغا مۇمكىنقەدەر مېنىڭ يېنىمغا تېزراق كەلسۇن دەپ يەتكۈزۈپ قويۇڭلار» دېگەن تاپشۇرۇقنى ئېلىپ، بېرىياغا قايتىپ كەلدى...».

لۇقا بىز ئۈچۈن خاتىرىلىگەن يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن، پاۋلۇسنىڭ ئۇشبۇ خېتىنىڭ كۆپ پاكىتلىرى ۋە تەپسىلاتلىرىنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بىرىنچىدىن، كۆرۈنەرلىك بولغىنى شۇكى، پاۋلۇس ۋە ھەمراھلىرى شۇ يەردىن زىيانكەشلىك بىلەن ھەيدەلگۈچە تېسالونىكا شەھىرىدە پەقەت ئۈچ ھەپتىلا تۇرغان («روس.» 2:17). پاۋلۇس ئۇلار ئارىسىدا شۇنچە قىسقا مەزگىل بولغىنى بىلەن، تېسالونىكادىكى جامائەت شۇ ۋاقىت ئىچىدە تۇغۇلغان! ئۇلار شۈبھىسىزكى، رەب ئەيسانىڭ «ئۇرۇق چاچقۇچى» دېگەن تەمسىلىدە ئېيتىلغان، مول ھوسۇل بېرىدىغان «ياخشى تۇپراق»تىن ئىدى! («مات.» 3:13-23، «مار.» 4:3-20، «لۇقا» 8:4-15).

يۇقىرىقىدا «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەردىن قارىغاندا تېسالونىكادىكى جامائەتتە ھەم يەھۇدىيلار ھەم «خۇدادىن قورققان» گرېكلارنىڭمۇ بار ئىدى. مۇشۇنداق گرېكلار تەۋراتنىڭ خەۋىرىگە قىزىقىپ ئىشەنگەن بولۇپ، ھەر ھەپتە «شابات كۈنى»دە يەھۇدىيلارنىڭ «سىناگوگ»ىغا (ئىبادەتخانا، دۇئاخانا) كېلىپ دۇئا قىلىش ۋە تەۋراتنى ئوقۇشلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇلارغا قوشۇلاتتى. «گالاتىيالىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. جامائەتتە يەنە، بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ بىۋاستە مەسىھنىڭ يولىغا كىرگەن چوڭ بىر توپ ئادەملەر بار ئىدى (1:9نى كۆرۈڭ).

باشقا كۆپ جايلاردا يۈز بەرگەندەك، خۇش خەۋەرنى چەتكە قېقىپ ئەيسانىڭ ئۆز مەسىھى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغان «سىناگوگ»دىكى يەھۇدىيلار ئۇنى ئېتىراپ قىلغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنىڭ پەۋقۇلئاددە سەۋەبى، خۇدانىڭ نىجاتى خۇش خەۋەر ئارقىلىق پەقەت ئۆزلىرىگىلا ئەمەس، «يات ئەللىكلەر»گىمۇ جاكارلانغىنىدىن ئىبارەت ئىدى. مانا مۇشۇ ئەسلىي بۇتپەرەس بولغانلارغىمۇ توغرا قىلىش، يېڭى ھاياتقا ئېرىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلمەكتە!

نەتىجىدە يۇقىرىقى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىكى ئايەتلەردە خاتىرىلەنگەندەك، شۇنىڭدەك ئۇشبۇ خەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك، ئىشەنمىگەن يەھۇدىيلار تائىپىلەرنى قۇترىتىپ ئېتىقادچىلارغا زىيانكەشلىك قىلدۇردى (2:14-15). ئۇلار بۇ زىيانكەشلىكنى باشقا شەھەرلەرگىچە يۈرگۈزدى («روس.» 13:17).

روسۇل پاۋلۇس بۇ قىسقا ئۈچ ھەپتە ئىچىدە خۇدانىڭ سۆزىنى شۇنچە زور قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلغان بۇ قەدىرلىك كىشىلەرگە جان-جېنىدىن يېقىن بولدى. ئۇلاردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ ۋە ئۇلارنىڭ توختاۋسىز قاتتىق زىيانكەشلىككە داۋاملىق ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، كېيىنكى ئايلاردا ئۇ ھەمكارلىرى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز جىددىي دۇئادا بولدى. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇلاردىن ھېچ خەۋەر يوق ئىدى. ئاخىرىدا، پاۋلۇس ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئۇنداق خەۋەرسىز قېلىشقا قاراپ تۇرۇلماي، ئۇلارنى زىيانكەشلىك ئاستىدا ئېتىقادتىن يېنىپ چىقارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئەھۋالىنى بىلىش ھەم ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ئافىنا شەھىرىدىن تىموتىينى ئۇلارنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئېتىقادتا كىچىك بوۋاقلاردەك بولۇپ، ئۇلار شۇنچە ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغان بولغاچقا، «ئېتىقادىمىز بەلكىم دۇرۇس ئەمەس» ياكى «بىزدە بىرەر ئەيىب بولۇشى كېرەك، شۇڭا خۇدا بىزنى جازالاۋاتامدىكىن؟»، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن بولاتتى. تىموتىي ئۇلارغا: شۇنداق بىئارام بولماڭلار، زىيانكەشلىك ۋە ئازاب-ئوقۇبەت بىز مەسىھ ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ نۇر ۋە ھەقىقەتكە ئەگەشكەنلىكىمىزدىن ئېتىقادلىق ھاياتىمىزنىڭ نورمال بىر قىسمىدۇر» دېگەندەك تەلىم بەردى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىشلار خۇدانىڭ پىلانىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر (1:3-5). بىز ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولۇپ، خۇداغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن ياشايمەن دەپ ئىرادە باغلايدىكەنمىز، ھاياتىمىزدا بىر يولدا بولمىسا باشقا بىر يولدا ئازاب-ئوقۇبەت ياكى زىيانكەشلىك بولمىسا، ئۇنداقتا ئېتىقادىمىزنىڭ بىر يېرى دۇرۇس بولماي قالىدۇ! («2تىم» 12:3).

پاۋلۇس كورىنت شەھىرىدە تۇرغىنىدا تىموتىي (بەلكىم سىلاس بىلەن) تېسالونىكادىن ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار پاۋلۇسقا، تېسالونىكادىكى قېرىنداشلار پەقەت زىيانكەشلىك ئاستىدا پەقەت چىڭ تۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئېتىقاد ۋە مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، كامالەتكە قاراپ ماڭماقتا؛ شۇنداقلا سېنى ۋە بىزنى ئىنتايىن سېغىنغان دەپ خەۋەر يەتكۈزدى (6:3-10). شۇنىڭ بىلەن بىرگە

قېرىنداشلار خۇدانىڭ سۆزىنى ئەتراپىدىكى بارلىق رايونلارغىمۇ يەتكۈزۈپتۇ، (1:8-10)، دەپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا روسۇل تولۇپ تاشقان شادلىق ۋە مۇھەببەت ئىچىدە ئۇلارغا بۇ خەتنى يازىدۇ. مەزكۇر خەت پەقەت رىغبەت-تەسەللىي يەتكۈزىدىغان مەكتۇپ، خالاس. ئۇنىڭ ھېچيېرىدە تەنبىھ ياكى بىرەر ئىللەتلەرنى تۈزىتىش سۆزلىرىدىن قىلچە پۇراق يوقتۇر. ھالبۇكى، خەتتە قىممەتلىك بولغان تەلىم تۈسىنى ئالغان سۆزلەر، شۇنداقلا روسۇلنىڭ بارلىق خەتلىرىدە دائىم دېگۈدەك: «تېخىمۇ كۆپ»، «تېخىمۇ ئېشىپ تاشقان» دېگەن سۆزلەر تېپىلىدۇ — دېمەك، ئېتىقادتىن چىققان تېخىمۇ كۆپ ئەجىر، مۇھەببەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىپادىلىرى بولسۇن، دېگەن ئۈندەشلىرى بار.

جامائەتتىكى بىرنەچچە قېرىنداشلار ئالەمدىن ئۆتكەنىدى-دە، روسۇل ئۇلارنى «ئۆلۈم ئىچىدە ئۇخلىغان» دەيدۇ. (13:4). نەچچىسى زىيانكەشلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن پاۋلۇس جامائەتتىكىلەرگە رەب ئەيسا قايتىپ كەلگەندە ئېتىقادچىلارنىڭ ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدىكى تەلىملەر بىلەن تەسەللىي بېرىدۇ (13:4-11:5). رەب ئەيسا بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلگىنىدە بىز بۇ دۇنيادا تېخى ھايات ياشاۋاتقان بولساق، مەسىھ ئەيسانىڭ ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىلەن چۈشكىنىدە، بىز سۆيگەن، «ئۆلۈم ئىچىدە ئۇخلىغان» قېرىنداشلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. ئۇ چاغدا بىز رەب بىلەن كۆرۈشۈشكە ھاۋاغا كۆتۈرۈلىمىز! — دەيدۇ. ھەممىمىز ئۇچۇشنى ئۆگىنىمىز!

خەت شۇنداق ئاددىي ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن يېزىلغاچقا، ئىزاھاتلار ئادەتتىكىدەك كۆپ بولمايدۇ ۋە «قوشۇمچە سۆز» قوشمايمىز.

پاۋلۇسنىڭ ئۇشبۇ خەتنى يېزىپ قىسقا مەزگىلدىن كېيىن ئۇلارغا ئالاھىدە نەچچە مەسىلە توغرۇلۇق يازغان ئىككىنچى خېتىگە بولسا «قوشۇمچە سۆز»ىمىز بار بولىدۇ.

بىز يەنە بۇرۇنقى ئادەتتىكىدەك خەتنىڭ مەزمۇنىنى نەچچە بۆلەككە بۆلمەيمىز. ئوقۇرمەنلەر مەزكۇر خەتنى ئوقۇش جەريانىدا شۇنى بايقايدۇكى، خەتنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلماس بىر گەۋدىدۇر. يەنە تەكىتلەيمىزكى، خەتتىكى بابلار ۋە ئايەتلەرنىڭ «تەرتىپ رەقەملىرى» ئوقۇرمەن ئىشەنگۈچىلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئەسلى خەتنىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئىدى.

# تېسالونىكالىقلارغا «1»

## روسۇل پاۋلۇس تېسالونىكا شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان بىرىنچى مەكتۇپ

### پاۋلۇسنىڭ سالاملىرى، تەشەككۈر ئېيتىشلىرى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشلىرى

1 [1]مەنكى پاۋلۇس، سىلاس ھەمدە تىموتىيدىن خۇدائاتىمىز ۋە
رەببىمىز ئەيسا مەسىھدە بولغان، تېسالونىكا شەھىرىدىكى
جامائەتكە سالام.
سىلەرگە مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك بولغاي!
[2]بىز دۇئالىرىمىزدا سىلەرنى ياد ئېتىپ تۇرۇپ، خۇداغا سىلەر
ئۈچۈن ھەردائىم تەشەككۈر ئېيتىمىز؛ [3]خۇدائاتىمىزنىڭ ئالدىدا
ئېتىقادىڭلاردىن بولغان ئەمەللىرىڭلارنى، مېھىر-مۇھەببەتتىن
چىققان جاپالىق ئەجرىڭلارنى، رەببىمىز ئەيسا مەسىھكە باغلىغان
ئۈمىدتە بولغان چىداملىقىڭلارنى ئىزچىل ئەسلەپ تۇرۇۋاتىمىز.
[4]چۈنكى ئەي قېرىنداشلار، خۇدا سۆيگەنلەر، ئۇنىڭ سىلەرنى
تاللىغانلىقى بىزگە ئايان. [5]چۈنكى خۇش خەۋىرىمىز سىلەرگە
يەتكۈزۈلگىنىدە سۆزلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى كۈچ-قۇدرەت بىلەن،
مۇقەددەس روھ بىلەن، مۇتلەق جەزملەشتۈرۈلگەن ھالدا سىلەرگە
يەتكۈزۈلگەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا

---

**1:1 «تېسالونىكا شەھىرىدىكى جامائەتكە سالام»** — «تېسالونىكا» دېگەن شەھەر ھازىرقى گرېتسىيە (ماكېدونىيە) ھازىرقى ئىسمى «سالونىكا». كونا زاماندا «تېسالونىكا» دەپ ئاتالغان.

**1:1** رىم. 7:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1.

**2:1** ئەف. 16:1؛ فىل. 3:1؛ كول. 3:1؛ 2تىس. 3:1.

**3:1 «ئېتىقادىڭلاردىن بولغان ئەمەللىرىڭلار...»** — گرېك تىلىدا «ئېتىقادىڭلاردىن بولغان ئەمەلىڭ...».

**3:1** يۇھ. 29:6.

**بولغىنىمىزدا سىلەرنى دەپ ئۆزىمىزنى قانداق تۇتقانلىقىمىزنى**
**ئوبدان بىلىسىلەر.**
**[6] شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇقلۇقمۇ،**
**مۇقەددەس روھنىڭ شادلىقى بىلەن سۆز-كالامنى قوبۇل قىلىپ،**
**بىزنى، شۇنداقلا رەببىنىڭ ئۆزىنى ئۆلگە قىلىپ ئەگەشتىڭلار،**
**[7] شۇنىڭ بىلەن سىلەر ماكېدونىيە ۋە ئاقايا ئۆلكىلىرىدىكى بارلىق**
**ئېتىقادچىلارغا ئۆلگە بولۇپ چىقتىڭلار؛ [8] چۈنكى رەببىنىڭ سۆز-كالامى**
**سىلەردىن پەقەت ماكېدونىيە ۋە ئاقاياغىلا ياڭراپ قالماستىن،**
**بەلكى ھەممە يەرگە خۇداغا باغلانغان ئېتىقادىڭلار توغرۇلۇق ھەممە**
**يەرگە خەۋەر تارقىلىپتۇ؛ نەتىجىدە، بىزنىڭ** شۇ يەرلەردە خۇش خەۋەر
توغرۇلۇق **ھېچنېمە دېيىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى. [9-10] چۈنكى** بىز
بارغانلىكى جايدىكى **كىشىلەر سىلەرنىڭ بىزنى قانداق قارشى**
**ئالغانلىقىڭلارنى، سىلەرنىڭ بۇتلاردىن قانداق ۋاز كېچىپ تىرىك ۋە**
**ھەقىقىي خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ،**
**يەنى ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەن، كەلگۈسىدە كېلىدىغان غەزەپتىن**
**بىزنى قۇتقۇزغۇچى ئەيسانىڭ ئەرشتىن كېلىشىنى كۈتۈشكە خۇداغا**
**باققانلىقىڭلارنى بايان قىلىشىدۇ.**

---

**5:1** 1كور. 4:2؛ 20:4؛ 1تېس. 1:2.

**6:1** 1كور. 16:4؛ 1:11؛ فىل. 17:3؛ 2تېس. 9:3.

8:1 **«چۈنكى رەببىنىڭ سۆز-كالامى سىلەردىن پەقەت ماكېدونىيە ۋە ئاقاياغىلا ياڭراپ قالماستىن، بەلكى ھەممە يەرگە خۇداغا باغلانغان ئېتىقادىڭلار توغرۇلۇق ھەممە يەرگە خەۋەر تارقىلىپتۇ؛ نەتىجىدە، بىزنىڭ شۇ يەرلەردە خۇش خەۋەر توغرۇلۇق ھېچنېمە دېيىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى. »** ــ دېمەك، پاۋلۇس ۋە خىزمەتداشلىرى قايسى يەرلەرگە بارمىسۇن، شۇ يەردىكى كىشىلەر ئاللىقاچان تېسالونىكادىكىلەرنىڭ خۇداغا بولغان ئېتىقادىدىن خەۋەر تاپقان، شۇنداقلا ئۆزلىرىمۇ خۇش خەۋەردىن خەۋەردار بولغان.

10-9:1 **«چۈنكى بىز بارغانلىكى جايدىكى كىشىلەر سىلەرنىڭ بىزنى قانداق قارشى ئالغانلىقىڭلارنى... بايان قىلىشىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا: «چۈنكى بىز بارغانلىكى جايدىكى كىشىلەر بىزنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا كىرىشىمىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى... بايان قىلىشىدۇ».

**10-9:1** روس. 11:1؛ فىل. 20:3؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

## پاۋلۇسنىڭ تېسالونىكادىكى خىزمىتى

2 [1]چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، بىزنىڭ ئاراڭلارغا كىرگىنىمىز
توغرۇلۇق بىلىسىلەركى، ئۇ بىكارغا كەتمىدى. [2]سىلەرگە يەنە
شۇمۇ مەلۇمكى، گەرچە ئىلگىرى فىلىپپى شەھىرىدە قىيىن-
قىستاق ۋە خارلىققا ئۇچرىغان بولساقمۇ، زور قاتتىق قارشىلىققا
قارىماي خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى سىلەرگە يەتكۈزۈشكە
خۇدايىمىزنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن يۈرەكلىك بولدۇق. [3]چۈنكى
بىزنىڭ ئۆتۈنۈش-جېكىلەشلىرىمىزدە ھېچقانداق ئالدامچىلىق،
ناپاك نىيەت ياكى ھىيلىگەرلىك يوقتۇر. [4]ئەكسىچە، بىز خۇدا
تەرىپىدىن خۇش خەۋەرنىڭ ئامانەت قىلىنىشقا لايىق كۆرۈلگەن
ئادەملەر سۈپىتىدە بىز شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئادەملەرنى ئەمەس،
بەلكى قەلبىمىزنى سىنىغۇچى خۇدانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن خۇش
خەۋەرنى جاكارلايمىز. [5]چۈنكى سىلەر بىلگەندەك بىز ھېچقايسى
ۋاقىتتا ئاراڭلارغا خۇشامەتچىلىك بىلەن ۋە ياكى تاماخورلۇققا
نىقاب تاقاپ كەلمىدۇق ــ (بۇ ئىشتا خۇدا بىزگە گۇۋاھچىدۇر ــ [6]گەرچە
بىز مەسىھنىڭ روسۇللىرىنىڭ سۈپىتىدە تەلەپ يۈكلىيەلەيدىغان
بولساقمۇ، مەيلى سىلەر بولۇڭلار ياكى باشقىلار بولسۇن، ھېچبىر
ئىنساندىن بىرەر ئىززەت-شۆھرەت ئىزدىگەن ئەمەس ئىدۇق.
[7]ئەكسىچە بىز ئاراڭلاردا خۇددى بالا ئېمىتىدىغان ئانا ئۆز بوۋاقلىرىنى
كۆيۈنۈپ ئاسرىغاندەك سىلەرگە مۇلايىم مۇئامىلىدە بولدۇق. [8]شۇ
چاغدا، سىلەرگە شۇنداق تەلپۈنگەنىدۇق، سىلەرگە پەقەت خۇدانىڭ

**1:2** 1تېس. 1:5، 9.

**2:2** **«زور قاتتىق قارشىلىققا قارىماي خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى سىلەرگە يەتكۈزۈشكە ... يۈرەكلىك بولدۇق»** ــ «خۇدانىڭ خۇش خەۋىرى» بولسا خۇدا ئۆزى ئەۋەتكەن، شۇنداقلا ئۆزى توغرۇلۇق خۇش خەۋەردۇر.

**2:2** روس. 22:16؛ 2:17.

**4:2** گال. 1:10.

**5:2** رىم. 1:9؛ 1:9؛ 2كور. 1:23؛ 11:31؛ گال. 1:20؛ فىل. 1:8؛ 1تىم. 5:21؛ 2تىم. 4:1.

**6:2** 1كور. 9:3؛ 2تېس. 3:9.

خۇش خەۋىرىنى تاپشۇرۇشنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆز جېنىمىزنى
تاپشۇرۇشقىمۇ رازىمىز؛ چۈنكى سىلەر بىزگە ئىنتايىن قەدىرلىك
ئىدىڭلار. [9] چۈنكى، ئى قېرىنداشلار، بىزنىڭ قانداق جاپالىق ئەمگەك
قىلغىنىمىز ئېسىڭلاردا باردۇر؛ ھېچقايسىڭلارغا ئېغىرىمىزنى
سالماسلىق ئۈچۈن كېچە-كۈندۈزلەپ مېھنەت قىلدۇق، خۇدانىڭ
خۇش خەۋىرىنى سىلەرگە يەتكۈزدۇق. [10] ئېتىقادچىلاردىن بولغان
سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەمەلىيەتلىرىمىزنىڭ قانداق ئىخلاسمەن،
ھەققانىي ۋە ئەيىبسىز ئىكەنلىكىگە ئۆزۈڭلار ۋە خۇدانىڭ ئۆزىمۇ
گۇۋاھچىدۇر. [11-12] ۋە يەنە سىلەر بىلگىنىڭلاردەك، ئاتىنىڭ ئۆز
پەرزەنتلىرىگە نەسىھەت بەرگىنىدەك بىز ھەربىرىڭلارغا شۇنداق
جېكىلەپ، رىغبەت-تەسەللى بېرىپ، سىلەرنى ئۆز پادىشاھلىقىغا
ۋە شان-شەرىپىگە چاقىرىۋاتقان خۇداغا لايىق ھالدا مېڭىشقا دەۋەت
قىلدۇق.
[13] خۇداغا يەنە شۇ سەۋەبتىن توختاۋسىز تەشەككۈر ئېيتىمىزكى،
سىلەرنىڭ بىزدىن ئاڭلىغان خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا قۇلاق
سالغىنىڭلاردا، ئۇنى ئىنسانلاردىن كەلگەن سۆز سۈپىتىدە ئەمەس،
بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىي سۈپىتىدە، يەنى خۇدادىن كەلگەن سۆز-
كالام دەپ ئۇنى قوبۇل قىلدىڭلار؛ ئۇ سۆز-كالام ھازىر ئىشەنگۈچى
سىلەردە ئىشلىمەكتە. [14] چۈنكى سىلەر، ئى قېرىنداشلار، يەھۇدىيە
ئۆلكىسىدىكى مەسىھ ئەيسادا بولغان جامائەتلەردىن ئۆلگە
ئالدىڭلار؛ ئۇلار شۇ يەردە يەھۇدىيلار تەرىپىدىن قانداق خارلىقلارغا
ئۇچرىغان بولسا، سىلەرمۇ ئۆز يۇرتداشلىرىڭلار تەرىپىدىن ئوخشاش
خارلىقلارغا ئۇچرىدىڭلار. [15] ئۇلار، يەنى شۇ يەھۇدىيلار، ئەسلىدە رەب
ئەيسانى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بىزنىمۇ زىيانكەشلىك
قىلىپ قوغلىۋەتكەندى. ئۇلار خۇدانى نارازى قىلىپ، ۋە ھەممە

**9:2** روس. 3:18؛ 34:20؛ 1كور. 12:4؛ 2كور. 11:9؛ 13:12؛ 2تېس. 8:3.

**12-11:2** يار. 1:17؛ 1كور. 20:7؛ ئەف. 1:4؛ فىل. 27:1؛ كول. 10:1.

**14:2** روس. 5:17، 13.

ئىنسان بىلەن قېرىشىپ، [16] «يات ئەللىكلەر»نىڭ نىجاتلىققا
ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۇلارغا سۆزلىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھلىرىنى ئۈزلۈكسىز چېكىگە يەتكۈزمەكتە؛
لېكىن غەزەپ ئۇلارنىڭ بېشىغا تولۇقى بىلەن چۈشۈرۈلۈش ئالدىدا
تۇرىدۇ.

## پاۋلۇسنىڭ ئەنسىرەشلىرى

[17] لېكىن بىز، ئى قېرىنداشلار، ئامالسىز سىلەردىن ئىنتايىن قىسقا
ۋاقىت جۇدالاشقان بولساقمۇ (تەندە بولسىمۇ، قەلبىدە ئەمەس)، سىلەر
بىلەن يەنە دىدار كۆرۈشۈشكە قەۋەتلا ئىنتىزارلىقىمىزدىن يېنىڭلارغا
بېرىشقا تېخىمۇ بەك ئىنتىلدۇق! [18] شۇنىڭدەك يېنىڭلارغا بارغۇمىز
بار ئىدى ـ ئەمەلىيەتتە مەنكى پاۋلۇس قايتا-قايتا تىرىشىپ
باقتىم؛ بىراق بۇنىڭغا شەيتان توسقۇنلۇق قىلدى. [19] چۈنكى
بىزنىڭ ئىستەك-ئارزۇيىمىز، شادلىقىمىز ۋە رەببىمىز ئەيسا قايتىپ
كەلگەندە پەخىرلىنىدىغان تاجىمىز نېمە بولىدۇ؟ بۇ دەل سىلەر
ئۆزۈڭلار ئەمەسمۇ؟ [20] چۈنكى سىلەر بىزنىڭ پەخرىمىز، بىزنىڭ
شادلىقىمىز!

---

15:2 **«ئۇلار، يەنى شۇ يەھۇدىيلار، ئەسلىدە رەب ئەيسانى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەن...»** ـــ «يەھۇدىي پەيغەمبەرلەرنى... ئۆلتۈرگەن» ـــ تەۋراتتىكى كۆپ پەيغەمبەرلەر يۇرتداشلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن؛ ئەڭ ئاخىرقى ئۆلتۈرۈلگىنى بولسا رەب ئەيسانى تونۇشتۇرغۇچى پەيغەمبەر يەھيا ئىدى. **«...ۋە بىزنىمۇ زىيانكەشلىك قىلىپ قوغلىۋەتكەنىدى»** ـــ «قوغلىۋەتكەنىدى» ـــ يەھۇدىيلار كۆپ ئىشەنگۈچىلەرنى يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىن قوغلىۋەتتى («روس.» 1:8)؛ ئاندىن شۇنىڭدىن باشلاپ پاۋلۇس ۋە باشقا روسۇللارنى خۇش خەۋەرنى جاكارلايدىغان جايلاردىنمۇ ھەيدىۋەتتى.

**15:2** مات. 37:23؛ لۇقا 34:13؛ روس. 52:7.

**16:2** روس. 13:17.

18:2 **«شۇنىڭدەك يېنىڭلارغا بارغۇمىز بار ئىدى ـــ ئەمەلىيەتتە مەنكى پاۋلۇس قايتا-قايتا تىرىشىپ باقتىم»** ـــ «قايتا-قايتا» گرېك تىلىدا «بىر قېتىم، ئىككى قېتىم».

**18:2** رىم. 13:1؛ 22:15.

**19:2** 2كور. 14:1؛ فىل. 16:2؛ 1:4.

3 1 شۇنىڭ بىلەن بىز سىلەردىن خەۋەرسىز تاقەتسىز تاق
بولۇپ، ئۆزىمىز ئافىنا شەھىرىدە يالغۇز قېلىپ، 2 ئالدىڭلارغا
قېرىندىشىمىز ھەم خۇدا يولىدا مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىدە بولۇۋاتقان
خىزمەتدىشىمىز تىموتىينى سىلەرنى ئېتىقادتا مۇستەھكەملەش-
كۈچەيتىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق؛
3 بىزنىڭ ئۇنى ئەۋەتىشتىكى مەقسىتىمىز، ھېچكىمنىڭ بېشىڭلارغا
چۈشكەن مۇشۇ زەخمەت-قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن ئېتىقادتا
تەۋرىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۆزۈڭلار بۇنداق ئىشلارغا
ئۇچراشقا ئالدىنئالا بېكىتىلگەن، دەپ بىلىسىلەر. 4 چۈنكى بىز
سىلەر بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىمىزدا، سىلەرگە ھەممىمىز ئازاب-
قىيىنچىلىققا ئۇچرىماي قالمايمىز دەپ ئالدىنئالا ئېيتقاندۇق.
ئەمەلىيەتتە ھازىر دېگىنىمىزدەك بولدى، دەپ بىلىسىلەر. 5 شۇ
سەۋەبتىن تاقىتىم تاق بولۇپ، ئېتىقادىڭلارنىڭ زادى قانداق
ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئازدۇرغۇچى سىلەرنى ئازدۇرۇپ
بىزنىڭ سىلەرگە سىڭدۈرگەن ئەجرىمىز بىكارغا كەتتىمىكىن دەپ
ئەنسىرەپ، تىموتىينى يېنىڭلارغا ئەۋەتكەنىدىم.
6 لېكىن تىموتىي بايا يېنىڭلاردىن قايتىپ كەلگەندە، ئېتىقادىڭلار
ۋە مېھىر-مۇھەببىتىڭلار توغرىسىدا بىزگە ياخشى خەۋەر ئېلىپ
كېلىپ، سىلەرنىڭ بىزنى ھەردائىم سېغىنىپ تۇرغانلىقىڭلارنى
ۋە خۇددى بىز سىلەر بىلەن دىدارلىششقا تەلپۈنگىنىمىزدەك،
سىلەرنىڭمۇ بىزنى كۆرگۈڭلار كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. 7 شۇنىڭدەك،
ئەي قېرىنداشلار، بېشىمىزغا چۈشكەن مۇشۇنداق بارلىق ئازاب-
ئوقۇبەت ۋە ئېغىرچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقىنىمىزدا سىلەردىن،
يەنى چىڭ ئېتىقادىڭلاردىن رىغبەت-تەسەللى تاپتۇق؛ 8 چۈنكى

---

**2:3** روس. 1:16؛ رىم. 21:16؛ فىل. 19:2.

**3:3** روس. 22:14؛ ئەف. 13:3؛ فىل. 14:1؛ 2تىم. 12:3.

5:3 **«ئازدۇرغۇچى سىلەرنى ئازدۇرۇپ بىزنىڭ سىلەرگە سىڭدۈرگەن ئەجرىمىز بىكارغا كەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ،...»** ــ «ئازدۇرغۇچى» شەيتان، ئىبلىس.

رەبدە چىڭ تۇرغان بولساڭلار، بىز ئۆلمەي، ھايات قالىمىز! [9] ئەمدى
سىلەر ئۈچۈن، خۇدايىمىز ئالدىدا سىلەرنىڭ ۋەجىڭلاردىن تولىمۇ
شادلاندۇق، بۇ زور شادلىقىمىزدىن سىلەر ئۈچۈن خۇداغا قانچىلىك
دەرىجىدە تەشەككۈر ئېيتساق بولار؟! [10] سىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈش
ۋە ئېتىقادىڭلاردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى مۇكەممەل قىلىشقا
مۇيەسسەر بولۇش ئىمكانىيىتى ئۈچۈن، كېچە-كۈندۈز خۇداغا زور
تەلمۈرۈپ يېلىنىماقتىمىز.
[11] ئەمدى بىزنىڭ خۇدائاتىمىزنىڭ ئۆزى ھەم رەببىمىز ئەيسا بىزنىڭ
يولىمىزنى يېنىڭلارغا باشلىغاي؛ [12] ئەمدى مېھىر-مۇھەببەتىمىز
سىلەرگە تولغاندەك، رەب سىلەرنىڭ بىر-بىرىڭلارغا ۋە ھەممە
ئادەملەرگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭلارنى ئاشۇرۇپ، تولۇپ
تاشتۇرغاي؛ [13] ھەم شۇنداق بولغاندا، رەببىمىز ئەيسا ئۆزىنىڭ بارلىق
مۇقەددەس بەندىلىرى بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەندە قەلبىڭلار
بىزنىڭ خۇدائاتىمىز ئالدىدا پاك-مۇقەددەسلىكتە نۇقسانسىز
بولۇشقا مۇستەھكەملىنىدۇ!

## خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان ھايات يولى

4 [1] ئاخىرىدا، ئى قېرىنداشلار، بىز رەب ئەيسادا تۇرۇپ سىلەردىن
شۇنى ئۆتۈنىمىز ھەم جېكىلەيمىزكى، سىلەر بىزدىن

---

8:3 **«چۈنكى رەبدە چىڭ تۇرغان بولساڭلار، بىز ئۆلمەي، ھايات قالىمىز!»** ــ پاۋلۇس تېسالونىكادىكىلەرنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتىكى، مۇبادا ئۇلار رەبدىن تېنىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆلەي دەپ قالاتتى.

**10:3** رىم. 1:10، 11؛ 23:15؛ 2تىم. 4:1.

11:3 **«ئەمدى بىزنىڭ خۇدائاتىمىزنىڭ ئۆزى ھەم رەببىمىز ئەيسا بىزنىڭ يولىمىزنى يېنىڭلارغا باشلىغاي»** ــ قىزىق بىر ئىش شۇكى، «يولىمىزنى... باشلىغاي» دېگەن پېئىل گرېك تىلىدىكى «بىرلىك شەخس» شەكلىدىدۇر. دېمەك، خۇدائاتا ۋە رەب ئەيسا بىر شەخستەك ئىش قىلىدۇ.

**13:3** 1كور. 1:8؛ 1تېس. 23:5؛ 2تېس. 17:2.

**خۇدانى خۇرسەن قىلىشقا قانداق مېڭىشىڭلار كېرەكلىكىنى
تاپشۇرۇۋالغىنىڭلاردەك ھەم ھازىر شۇ بويىچە مېڭىۋاتقىنىڭلاردەك،
شۇنداق قىلىشىڭلار تېخىمۇ ئېشىپ تاشقاي. [2] چۈنكى
سىلەر بىزنىڭ رەب ئەيسا ئارقىلىق سىلەرگە نېمە ئەمرلەرنى
تاپىلىغانلىقىمىزنى بىلىسىلەر. [3] چۈنكى خۇدانىڭ ئىرادىسى
شۇكى، پاك-مۇقەددەس قىلىنىش، ھەرقانداق بۇزۇقچىلىقتىن
ساقلىنىش، [4-5] يەنى ھەربىرىڭلار خۇدانى تونۇمايدىغان تائىپىلەردەك
شەھۋانىي ھەۋەسلەرگە بېرىلمەي، بەلكى قانداق قىلىپ ئۆز تېنىنى
باشقۇرۇپ، ئۇنى پاك-مۇقەددەسلىكتە ئار-نومۇس بىلەن ساقلاشنى
ئۆگىنىۋېلىشتۇر. [6] بۇ جەھەتلەردە ھېچكىم ئۆز قېرىندىشىنىڭ
ھەققىگە چاڭ سېلىپ، ئۆز پايدا-مەنپەئىتىنى قوغلىمىسۇن؛ چۈنكى
بىز ئىلگىرى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ تولۇق ئاگاھلاندۇرغىنىمىزدەك،
بارلىق مۇشۇنداق ئىشلاردا رەب ئۆزى ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر. [7] چۈنكى
خۇدا بىزنى ناپاكلىققا ئەمەس، بەلكى پاك-مۇقەددەسلىكتە ياشاشقا
چاقىردى. [8] شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتنى رەت قىلغان ئادەم، ئىنسانىي
ھوقۇقنى ئەمەس، بەلكى سىلەرگە مۇقەددەس روھىنى ئاتا قىلغۇچى
خۇدانى رەت قىلغان بولىدۇ.**

---

**1:4** فىل. 27:1؛ 1تېس. 12:2.

**3:4** رىم. 2:12؛ ئەف. 27:5؛ فىل. 8:4.

**5-4:4 «... بەلكى قانداق قىلىپ ئۆز تېنىنى باشقۇرۇپ، ئۇنى پاك-مۇقەددەسلىكتە ئار-نومۇس بىلەن ساقلاشنى ئۆگىنىۋېلىشتۇر»** — گرېك تىلىدا «ئۆز تېنى» «ئۆز چىنىسى» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا جۈملىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلىكىنى «خۇدانىڭ ئىرادىسى... ئۆز جورا-ھەمراھىنى تېپىپ، پاك-مۇقەددەسلىك ۋە ئار-نومۇسلۇقتا ھايات ئۆتكۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىشتۇر» ياكى «ئۆز پاك-مۇقەددەسلىك ۋە ئار-نومۇسلۇقىڭلارنى ساقلاپ، ئۆز جورا-ھەمراھىڭلار بىلەن ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشتۇر» دەپمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. چوڭ ئىمكانىيەت باركى، روسۇل تەرجىمىمىزدىكىدەك شۇنداقلا بۇ ئىككى مەنىنىمۇ بىلدۈرمەكچى بولغان. خۇدانىڭ بېكىتكىنى بىلەن نىكاھلانغان ئەر-ئايال بەربىر «بىر تەن»دۇر.

**5-4:4** 1كور. 34:15؛ ئەف. 18:4.

**7:4** يۇھ. 19:17؛ 1كور. 2:1.

**8:4** لۇقا 16:10؛ 1كور. 40:7.

[9]ئەمدى قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەتكە كەلسەك، بۇ توغرىسىدا سىلەرگە يېزىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى خۇدا ئۆزى بىر-بىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشنى ئۆگەتمەكتە. [10]چۈنكى سىلەر پۈتكۈل ماكېدونىيە ئۆلكىسىدىكى ھەممە قېرىنداشلارغا شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر؛ شۇنداق بولسىمۇ، ئى قېرىنداشلار، شۇنداق قىلىشقا بېرىلىپ تېخىمۇ ئېشىپ تېشىشىڭلارنى، [11]شۇنداقلا بىز سىلەرگە تاپىلىغىنىمىزدەك، تىنچ يۇرۇشنى، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ئۆز ئىشىڭلار بىلەن بولۇپ، ئىككى قولۇڭلارغا تايىنىپ ياشاشنى نىشان قىلىپ ئىنتىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمىز. [12]مانا شۇنداق قىلساڭلار، سىرتتىكىلەر ئالدىدا ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ ماڭىسىلەر ۋە ھېچكىمنىڭ قولىغا بېقىنىپ قالمايسىلەر.

## ئەيسا مەسىھنىڭ قايتا كېلىشى

[13]لېكىن، ئەي قېرىنداشلار، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان باشقا ھەممىسىدەك، ئاراڭلاردىكى ئۆلۈمدە ئۇخلاپ قالغانلارغا قايغۇرۇپ ھەسرەت چەكمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئۆلارنىڭ ھالى توغرۇلۇق خەۋەرسىز قېلىشىڭلارنى خالىمايمىز. [14]چۈنكى بىز ئەيسانىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەنلىكىگە ئىشەنگەنىكەنمىز، ئەيسا قايتا كەلگىنىدە، ئۆلۈمدە ئۇنىڭدا ئۇخلاپ قالغانلارنى خۇدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە

---

**9:4** لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يۇھ. 34:13؛ 12:15؛ ئەف. 2:5؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4.

**11:4** روس. 34:20؛ ئەف. 28:4؛ 2تېس. 7:3، 12.

12:4 **«مانا شۇنداق قىلساڭلار، سىرتتىكىلەر ئالدىدا ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ ماڭىسىلەر ۋە ھېچكىمنىڭ قولىغا بېقىنىپ قالمايسىلەر»** — «سىرتتىكىلەر» ئېتىقادسىزلار، جامائەتتىن سىرتتا تۇرغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

13:4 **«سىلەرنىڭ ... ئۇلارنىڭ ھالى توغرۇلۇق خەۋەرسىز قېلىشىڭلارنى خالىمايمىز»** — «سىلەرنىڭ... خەۋەرسىز قېلىشىڭلارنى خالىمايمىز» دېگەن بۇ ئىبارە ئادەتتە رىم ئىمپېراتورى يارلىق چۈشۈرگەندە ئىشلىتىدىغان ئىبارە ئىدى. روسۇل ئەمدى كېيىنكى گېپىنى «ئالەم ئىمپېراتورى ئەيسا مەسىھ»دىن كەلگەن دەپ پۈراتماقچى ئوخشايدۇ.

**13:4** لاۋ. 28:19؛ قان. 1:14؛ 2سام. 20:12-23.

ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. [15] چۈنكى رەبنىڭ سۆز-كالامى
بويىچە سىلەرگە شۇنى ئېيتىمىزكى، رەب قايتا كەلگۈچە تىرىك
قالغان بىزلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشىمىز جەزمەن ئۆلۈمدە ئۇخلاپ
قالغانلارنىڭكىدىن ئاۋۋال بولمايدۇ؛ [16] چۈنكى رەب قاتتىق بىر نەرە
تارتىپ، باش پەرىشتىنىڭ ئاۋازى ۋە خۇدانىڭ كاناي ساداسى ئىچىدە
ئاسماندىن چۈشىدۇ ۋە مەسىھدە بولۇپ ئۆلگەنلەر ئاۋۋال تىرىلىدۇ؛
[17] ئاندىن تىرىك قالغان بىزلەر ئۇلار بىلەن بىرگە رەب بىلەن هاۋادا
كۆرۈشۈش ئۈچۈن، بۇلۇتلار ئارىسىغا ئېلىنىپ كۆتۈرۈلىمىز؛ شۇنىڭ
بىلەن بىز رەب بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىمىز. [18] شۇڭا، بىر-بىرىڭلارغا
بۇ سۆزلەر بىلەن رىغبەت-تەسەللى بېرىڭلار.

## رەبنىڭ كۈننى كۈتۈۋېلىش

5 [1] لېكىن ئى قېرىنداشلار، سىلەرگە شۇ ئىشلارنىڭ ۋاقىتلىرى
ۋە زامانلىرى توغرىسىدا يېزىشىمىزنىڭ هاجىتى يوق. [2] چۈنكى
ئۆزۈڭلار ئوبدان بىلىسىلەر، رەبنىڭ كۈنى خۇددى كېچىدە كىرگەن
ئوغرىنىڭ كېلىشىگە ئوخشاش تۇيۇقسىز كېلىدۇ. [3] ئەمدى
كىشىلەر «دۇنيا تىنچ-ئامان بولۇۋاتىدۇ» دەپ تۇرغاندا، خۇددى
هامىلىدار ئايالنىڭ تولغىقى ئۇشتۇمتۇت تۇتقىنىدەك، هالاكەت
ئۇلارنىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز چۈشىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭدىن

---

15:4 **«رەب قايتا كەلگۈچە تىرىك قالغان بىزلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشىمىز جەزمەن ئۆلۈمدە ئۇخلاپ قالغانلارنىڭكىدىن ئاۋۋال بولمايدۇ»** — «چىقىشىمىز» دېگەن سۆز «ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىمىز»نى كۆتۈرىدۇ. كېيىنكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

**15:4** 1كور. 22:15، 51.

**16:4** يەش. 13:27؛ زەك. 14:9؛ مات. 31:24؛ 1كور. 52:15؛ ۋەھ. 7:10، 15:11؛ 2تېس. 7:1.

17:4 **«ئاندىن تىرىك قالغان بىزلەر ئۇلار بىلەن بىرگە رەب بىلەن هاۋادا كۆرۈشۈش ئۈچۈن، بۇلۇتلار ئارىسىغا ئېلىنىپ كۆتۈرۈلىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىز رەب بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىمىز»** — بۇ ۋەقەلەر توغرۇلۇق «كولوسسىلىقلەرگە»دىكى (3:3 توغرۇلۇق) «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**2:5** مات. 43:24؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16.

**قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. [4]لېكىن سىلەر، ئى قېرىنداشلار، قاراڭغۇلۇقتا
تۇرغۇچىلار ئەمەسسىلەر؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈن سىلەرنى ئوغرىدەك
چۆچۈتۈپ كەلمەيدۇ. [5]چۈنكى سىلەر ھەممىڭلار يورۇقلۇقنىڭ
پەرزەنتلىرى، كۈندۈزنىڭ پەرزەنتلىرىدۇرسىلەر؛ بىز كېچىگە تەۋە
ياكى قاراڭغۇلۇققا مەنسۇپ ئەمەسمىز.**

**[6]شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ھەممىسىدەك ئۇخلىمايلى، بەلكى سەگەك ۋە
سالماق بولايلى. [7]چۈنكى ئۇخلايدىغانلار كېچىسى ئۇخلايدۇ، مەست
بولىدىغانلارمۇ كېچىسى مەست بولىدۇ. [8]بىراق ئۆزىمىز كۈندۈزگە
مەنسۇپ بولغاندىن كېيىن، سالماق بولايلى، كۆكرىكىمىزگە ئېتىقاد
ۋە مېھىر-مۇھەببەتنى ساۋۇت قىلىپ، بېشىمىزغا نىجاتقا باغلانغان
ئۈمىدنى دۇبۇلغا قىلىپ كىيىۋالايلى؛ [9]چۈنكى خۇدا بىزنى ئۆز
غەزىپىگە ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ
ئارقىلىق نىجاتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تاللاپ بېكىتكەن. [10]ئۇ بىز
ئۈچۈن ئۆلدى ــ مەقسىتى، ھايات قېلىپ ئويغاق تۇرساقمۇ ياكى
ئۆلۈمدە ئۇخلىغان بولساقمۇ، بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھاياتتا
بولۇشىمىز ئۈچۈندۇر.**

**[11]شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر قىلىۋاتقىنىڭلارغا ئوخشاش، بىر-بىرىڭلارنى
داۋاملىق رىغبەتلەندۈرۈپ، بىر-بىرىڭلارنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇڭلار.**

---

**3:5** 2تېس. 9:1.

**4:5** ئەف. 8:5.

**5:5** لۇقا 8:16؛ رىم. 12:13؛ ئەف. 8:5.

**6:5** لۇقا 36:21؛ رىم. 11:13، 13؛ 1كور. 34:15؛ ئەف. 14:5.

8:5 **«... سالماق بولايلى، كۆكرىكىمىزگە ئېتىقاد ۋە مېھىر-مۇھەببەتنى ساۋۇت قىلىپ، بېشىمىزغا نىجاتقا باغلانغان ئۈمىدنى دۇبۇلغا قىلىپ كىيىۋالايلى»** ــ «يەش.» 17:59نى كۆرۈڭ. گرېك تىلىدا: «مەيدىمىزگە ئېتىقاد ۋە مۇھەببەتنىڭ ساۋۇتىنى، بېشىمىزغا نىجاتنىڭ ئۈمىدىنى دۇبۇلغىسىنى كىيىۋالايلى».

**8:5** يەش. 17:59؛ ئەف. 14:6.

10:5 **«بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھاياتتا بولۇشىمىز ئۈچۈن»** ــ دېمەك، ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىدە تىرىلىپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن.

**10:5** رىم. 7:14؛ 2كور. 15:5؛ گال. 20:2؛ 1پېت. 2:4.

# ئاخىرقى تەلىم ۋە سالاملار

[12] ئەمدى ئى قېرىنداشلار، ئاراڭلاردا جاپالىق ئىشلەۋاتقان ۋە
رەبدە سىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، نەسىھەت بېرىۋاتقانلارنى
قەدىرلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمىز. [13] بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى
چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قەدىرلەڭلار. بىر-
بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار. [14] ئەمما، ئى قېرىنداشلار، سىلەردىن
شۇنىمۇ ئۆتۈنىمىزكى، تەرتىپسىز يۈرگەنلەرگە نەسىھەت بېرىڭلار،
يۈرەكسىزلەرنى رىغبەتلەندۈرۈڭلار، ئاجىزلارغا يار-يۆلەك بولۇڭلار
ۋە ھەممە ئادەمگە سەۋرچان بولۇڭلار. [15] ھېچقايسىڭلار يامانلىققا
يامانلىق قىلماسلىققا كۆڭۈل بۆلۈڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ۋە بارلىق
كىشىلەرگە ھەمىشە ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلىڭلار.
[16] ھەردائىم شادلىنىڭلار. [17] توختىماي دۇئا قىلىڭلار. [18] ھەرقانداق
ئىشتا تەشەككۈر ئېيتىڭلار. چۈنكى مانا بۇلار خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسادا
سىلەرگە قاراتقان ئىرادىسىدۇر. [19] روھنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەڭلار.

**12:5** رىم. 27:15؛ 1كور. 11:9؛ 18:16؛ گال. 6:6؛ فىل. 29:2؛ 1تىم. 17:5؛ ئىبر. 7:13، 17.

**13:5** **«... بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قەدىرلەڭلار. بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار»** — مۇشۇنداق ئېتىقادچىلار جامائەتتە مەيدانغا كەلسە، كېيىنچە ئۇلارنى جامائەتتىكى «ئاقساقال» ياكى «يېتەكچى» دەپ بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ. پاۋلۇس تېسالونىكادىكى جامائەتتە تېخى ئاقساقاللارنى بېكىتمىگەنىدى.

**14:5** **«...ئاجىزلارغا يار-يۆلەك بولۇڭلار»** — «ئاجىزلار» بەلكىم روھىي ھەم جىسمانىي تەرەپلەردە بولغان ئاجىزلارنى كۆرسىتىدۇ.

**15:5** لاۋ. 18:19؛ پەند. 22:20؛ 29:24؛ مات. 39:5؛ رىم. 17:12؛ 1كور. 7:6؛ 1پېت. 9:3.

**16:5** مات. 12:5؛ لۇقا 20:10؛ رىم. 12:12؛ فىل. 4:4.

**17:5** لۇقا 1:18؛ رىم. 12:12؛ كول. 2:4.

**18:5** ئەف. 20:5.

**19:5** **«روھنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەڭلار»** — گرېك تىلىدا «روھنى ئۆچۈرمەڭلار». «روھ» مۇقەددەس روھ، ئەلۋەتتە. «مۇقەددەس روھنىڭ ئوتى» ئىشەنگەن ئادەمنىڭ قەلبىدە ياخشىلىق قىلىشقا ياكى بولۇپمۇ مەلۇم بىر روھىي ئىلتىپاتنى بىلدۈرۈشكە كۈچلۈك ئىلھام پەيدا قىلغان بولسا ئۇنى «ئۆچۈرۈش»كە بولمايدۇ. مۇشۇ سۆزلەر بەلكىم بېشارەت بېرىش ياكى باشقا مۆجىزىلىك ئىلتىپاتلارنى كۆزدە تۇتىدۇ؛ كېيىنكى ئايەت بىلەن مۇناسىۋىتى بار.

**19:5** 1كور. 30:14.

**20ئاراڭلاردا پەيغەمبەرلەرچە يەتكۈزۈلگەن بېشارەتلىك سۆزلەرنى كە
مسىتمەڭلار؛ 21ھەممە گەپنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ كۆرۈڭلار؛ دۇرۇس
بولسا ئۇنى چىڭ تۇتۇپ قولدىن بەرمەڭلار. 22يامانلىقنىڭ ھەرقانداق
شەكلىدىن ئۆزۈڭلارنى يىراق تۇتۇڭلار.**

**23خاتىرجەملىكنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدا ئۆزى سىلەرنى ئۆزۈل-
كېسىل پاك-مۇقەددەس قىلغاي، رەببىمىز ئەيسا مەسىھ قايتا
كەلگۈچە پۈتكۈل روھىڭلار، جېنىڭلار ۋە تېنىڭلارنى ئەيىبسىز
ساقلىغاي. 24سىلەرنى چاقىرغۇچى بولسا سادىق-ۋاپادۇر، ئۇ
ئۇنى جەزمەن ئادا قىلماي قالمايدۇ. 25قېرىنداشلار، بىز ئۈچۈن
دۇئا قىلىڭلار. 26ھەممە قېرىنداشلار بىلەن پاك سۆيۈشلەر بىلەن
سالاملىشىڭلار. 27مەن رەبدە سىلەرگە شۇنى جىددىي تاپىلايمەنكى،
بۇ خەتنى شۇ يەردىكى ھەممە مۇقەددەس قېرىنداشلارغا ئوقۇپ
بېرىڭلار! 28رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى سىلەرگە يار
بولغاي!**

---

20:5 **«ئاراڭلاردا پەيغەمبەرلەرچە يەتكۈزۈلگەن بېشارەتلىك سۆزلەرنى كەمسىتمەڭلار»** — گرېك تىلىدا «پەيغەمبەرلىك سۆزلەر». «روھىي ئىلتىپاتلار» توغرۇلۇق «كورىنتلىقلارغا (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**21:5** 1يۇھ. 1:4.

22:5 **«يامانلىقنىڭ ھەرقانداق شەكلىدىن ئۆزۈڭلارنى يىراق تۇتۇڭلار»** — «يامانلىقنىڭ ھەرقانداق شەكلى» يامانلىقنىڭ ھەر خىللىقلىقىنى ھەمدە يامان ئىشتەك كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېتىقادچىلار ھەتتا «يامان ئىشتەك كۆرۈنۈپ قالىدىغان» ئىشتىمۇ بولماسلىقىقا كۆڭۈل بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**22:5** فىل. 8:4.

23:5 **«خاتىرجەملىكنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدا»** — گرېك تىلىدا: «خاتىرجەملىكنىڭ خۇداسى» — دېمەك، خاتىرجەملىك بەرگۈچى ھەم ئۆزى ھەردائىم خاتىرجەملىكتە تۇرغۇچى خۇدادۇر.

**23:5** 1كور. 8:1؛ فىل. 9:4؛ 1تېس. 13:3.

24:5 **«سىلەرنى چاقىرغۇچى بولسا سادىق-ۋاپادۇر، ئۇ ئۇنى جەزمەن ئادا قىلماي قالمايدۇ»** — «سىلەرنى چاقىرغۇچى» — خۇدا، ئەلۋەتتە.

**24:5** 1كور. 9:1؛ 13:10؛ 2كور. 18:1؛ 2تېس. 3:3.

**26:5** رىم. 16:16؛ 1كور. 20:16؛ 2كور. 12:13؛ 1پېت. 14:5.

## ئىنجىل 14-قىسىم

# «تېسالونىكالىقلارغا «2»»
## روسۇل پاۋلۇس تېسالونىكا شەھرىدىكى جامائەتكە
## يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ

## كىرىش سۆز

تېسالونىكادىكى جامائەتنىڭ تۇغۇلۇش جەريانى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى توغرۇلۇق ئوقۇرمەنلەر «تېسالونىكالىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى مەكتۇپ»تىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدىن مەلۇمات ئالالايدۇ.

ئىشىنىمىزكى، روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئۇشبۇ خېتىنى ئالدىنقى خېتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەۋەتكەن؛ بۇنىڭغا ئىسپات، خەتنىڭ بېشىدا سالام يوللىغۇچىلار ئوخشاشلا ئۈچ زات — پاۋلۇسنىڭ ئۆزى، تىموتىي ۋە سىلاستىن ئىبارەت ئىدى. خۇدا يولىدا دائىم روسۇللۇق خىزمىتىدە ئۇيان-بۇيان چېپىپ يۈرىدىغان بۇ ئۈچى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بىر جايدا جەم بولالمايتتى.

«بىرىنچى خەت»نى تېسالونىكا شەھرىگە ئاپارغان كىشى كورىنت شەھرىگە، پاۋلۇسنىڭ يېنىغا تېزلا قايتىپ كەلگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا جامائەتنىڭ يېڭى خەۋىرىنى يەتكۈزگەن بولسا كېرەك. پاۋلۇس بۇ كىشىدىن، جامائەتتىكى بەزىلەرنىڭ بىرىنچى خەتتىكى «رەب ئەيسانىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشى» توغرۇلۇق تەلىماتلىرىنى (4:15-17، 5:4-6) ئىككى قولىغا تايىنىپ جان بېقىشتىن ۋاز كېچىشنىڭ باھانىسى قىلىۋالغانلىقىدىن

خەۋەردار بولدى. ئۇلار: «مەسىھ ئۆز پادىشاھلىقىنى بەرپا قىلىشقا تېز ئارىدا دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ، شۇڭا جان بېقىشقا ئۆزىمىزنى ئۇپرىتىشنىڭ نېمە هاجىتى؟!» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. بەزىلەر «مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشى» توغرىسىدىكى تەلىمنى چۈشىنىپ يەتمىگەن، يەنە بەزىلىرى شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدىن بىكار تەلەپلىكتە لاغايلاپ يۈرۈشكە باھانە تاپقانلىقىدىن خۇشال بولۇشۇپ كەتكەن.

شۇ چاغلاردا يەنە بەزىبىر ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەنىدى. بەزىلەر: ««رەبنىڭ كۈنى يېتىپ كەلدى» دېگەندەك ۋەھىيلەرنى كۆردۇم» دېگەنىدى. «رەبنىڭ كۈنى»دىن ئىبارەت بۇ مەزگىل رەب ئەيسا يەر يۈزىگە قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، خۇدانىڭ غەزەپلىك جازالىرىنى يەر يۈزىگە تۆكۈش مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ. رەب ئەيسا ئۆزى مۇشۇ مەزگىلنى «زور زۇلۇم-زەخمەت» ياكى «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» دەپ ئاتىغانىدى («مات.» 21:24) (بىز مۇشۇ ئىش ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىمۇ توختىلىمىز). تېسالونىكالىقلارغا نىسبەتەن «رەبنىڭ كۈنى يېتىپ كەلدى» دېگەن گەپ ئۇلارنى خېلى قايىل قىلاتتى، چۈنكى ھەر ئادەمگە ئايانكى، «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» مەزگىلىدە خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى دەھشەتلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ؛ تېسالونىكادىكىلەر دەل مۇشۇنداق دەھشەتلىك زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانىدى. ئەشەددىي بېسىملار ئاستىدا كىشىلەر ھەر تۈرلۈك غەلىتە ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن؛ خەلق تەلپۈنۈش ئىچىدە ھەرخىل خىياللاردا بولسا، ھەرخىل ئېزىتقۇلۇق ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق شارائىتتا بىرسى رەب پات ئارىدا قايتىپ كېلىپ، بۇ زىيانكەشلىكلەرنى يوق قىلىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە بولۇپ: «رەبنىڭ كۈنى يېتىپ كەلدى» دەپ خام خىيال قىلسا، بۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى، ئەلۋەتتە. تېسالونىكادا بەزىلەر شۇنداق خىيالدا بولۇپ «رەبنىڭ كۈنى يېتىپ كەلدى» دېگەن «بېشارەت»نى بەرگەن؛ بەزى رەزىل كىشىلەر ھەتتا روسۇل پاۋلۇسنىڭ نامىدا شۇنداق باياندىكى ساختا خەتنى يازغان. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش، ئەلۋەتتە. بۇ ھەقىقىي ئېتىقادقا ھۇجۇم قىلغانغا باراۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشلىمەي، بىكار تەلەپ يۈرۈشكە «مەسىھ تېز ئارىدا كېلىدۇ» دېگەندەك «روھىي» باھانە ئىزدەپ كۈتكەن ئادەملەر ھەر يەردە ئاز بولمايدۇ. پاۋلۇس بۇ سۆزنى تۈزىتىپ: «رەبنىڭ كۈنى»دىن ئىلگىرى ئىككى چوڭ ۋەقە كۆرۈلىدۇ، دەيدۇ: —

(ئا) «(ئېتىقادتىن) چوڭ يېنىش»

(ئە) «مەسىھنىڭ رەقىبى (دەججال)نىڭ ئاشكارىلىنىشى».

بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئۇقۇملارنى توغرىلاش، كۆپرەك تەلىم بېرىش، دەل ئۇشبۇ قىسقا خەتنىڭ مەقسىتىدۇر. شۇنداقلا بارلىق خەتلىرىدە دېگەندەك، ئۇ ئېغىر زۇلۇم-زەخمەتكە تېخىچە ئۇچراۋاتقان بۇ جامائەت، يەنى ئۆزىگە جان-جىگەر بولغان مۇشۇ قەدىرلىك دوستلىرىغا تېخىمۇ رىغبەت-تەسەللى يەتكۈزۈش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىدۇ. روسۇللارنىڭ كۆپ خەتلىرىدىن، ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەنلىرىدىن خەۋەردار بولدۇق. بىز شۇ خاتالىقلار ئۇچۇن مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. سەۋەبى، بىرىنچىدىن ئۆزىمىز مۇشۇ خاتالىقلارنى ئاسانلا قايتىلىشىمىز مۇمكىن؛ ئىككىنچىدىن، روسۇللارنىڭ تۈزىتىشلىرىدىن ئىنتايىن كۆپ قىممەتلىك تەلىمگە مۇيەسسەر بولىمىز. كىم بىلىدۇ، ئۆزۈن ئۆتمەي ئاخىرقى زامانلارغا يۈزلىنىشىمىزگە توغرا كېلەمدۇ تېخى؛ مۇشۇ خەتتە، بىزنى شۇ قورقۇنچلۇق زامانلاردىكى ئادەمنى چۆچىتىدىغان ئالدامچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشقا قوراللاندۇرىدىغان ھەقىقەتلەرنى ئوقۇيمىز. ھېچكىم شۇنى ئىنكار قىلالمايدۇكى، «رەببىنىڭ كۈنى»نىڭ بېشىمىزغا چۈشۈشكە ئاز قالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەر تۈرلۈك ئالامەتلەر كۆز ئالدىمىزدا يىلمۇيىل ئاشماقتا.

## مەزمۇن: –

1. تەشەككۈر دۇئاسى (1-باب)
2. «رەببىنىڭ كۈنى»دىن بۇرۇن يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەر (2-باب 1-12-ئايەتلەر)
3. ئېتىقادچىلارغا قىلىنغان نەسىھەت ۋە يوليورۇقلار (2-باب 13-ئايەتتىن 3-باب 15-ئايەتكىچە)
4. ئاخىرقى تىلەكلەر (3-باب 16-18-ئايەتلەر)

# تېسالونىكالىقلارغا «2»

## روسۇل پاۋلۇس تېسالونىكا شەھىرىدىكى جامائەتكە يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ

1 [1]مەنكى پاۋلۇس، سىلاس ھەمدە تىموتىيدىن خۇدائاتىمىز ۋە
رەببىمىز ئەيسا مەسىھدە بولغان، تېسالونىكا شەھىرىدىكى
جامائەتكە سالام. [2]خۇدائاتىمىز ۋە رەب ئەيسا مەسىھتىن سىلەرگە
مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىنغاي!

## ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىكى رىغبەت-تەسەللى

[3]سىلەر ئۈچۈن خۇداغا ھەردائىم تەشەككۈر ئېيتىشىمىزغا توغرا
كېلىدۇ (ھەمدە شۇنداق قىلىش تولىمۇ لايىقتۇر)، ئى قېرىنداشلار،
ــ چۈنكى ئېتىقادىڭلار كۈچلۈك ئۆسمەكتە ھەمدە بىر-بىرىڭلارغا
بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭلارمۇ ئېشىپ تاشماقتا. [4]شۇنىڭ
بىلەن بىز ئۆزىمىز سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چۈشكەن، شۇنداقلا
بەرداشلىق بېرىۋاتقان بارلىق زىيانكەشلىك ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر
ئىچىدە كۆرسەتكەن سەۋر-چىداملىق ۋە ئېتىقادىڭلار ئۈچۈن،
خۇدانىڭ ھەرقايسى جامائەتلىرىدە سىلەردىن پەخىرلىنىمىز؛

---

1:1 **«تېسالونىكا شەھىرىدىكى جامائەتكە سالام»** ــ «تېسالونىكا شەھىرى» ــ قەدىمكى گرېتسىيەدىكى بىر شەھەر ئىدى، بۇ شەھەرنىڭ هازىرقى نامى «سالونىكا» بولۇپ، ئۇ تۈركىيەدە

**2:1** 1كور. 3:1؛ 1تېس. 1:1؛ 1پېت. 2:1.

3:1 **«سىلەر ئۈچۈن خۇداغا ھەردائىم تەشەككۈر ئېيتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ ...، ئى قېرىنداشلار، ــــ چۈنكى ئېتىقادىڭلار كۈچلۈك ئۆسمەكتە ھەمدە بىر-بىرىڭلارغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭلارمۇ ئېشىپ تاشماقتا»** ــ پاۋلۇسنىڭ بىرىنچى خېتىدىكى دۇئاسى ھەم ئۆتۈنۈشلىرى هازىر ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتىدۇ؛ «1تېس.» 3:12، 4:10نى كۆرۈڭ.

**3:1** ئەف. 1:15؛ فىل. 1:3؛ كول. 1:3؛ 1تېس. 1:2.

**4:1** 1تېس. 2:19.

5 بۇ ئىشلار خۇدانىڭ كېلىدىغان ئادىل ھۆكۈمىنى كۆرسىتىدىغان
روشەن بىر ئالامەتتۇر ۋە شۇنداقلا، بۇ ئىشلار سىلەرنىڭ خۇدانىڭ
پادىشاھلىقىغا لايىق ھېسابلىنىشىڭلار ئۈچۈن بولىدۇ؛ سىلەر مانا
شۇ پادىشاھلىق ئۈچۈن زۇلۇم-زەخمەت چېكىۋاتىسىلەر؛ 7-6 شۇنداق
ئىكەن، سىلەرگە ئېغىرچىلىق سالغۇچىلارغا خۇدا ئېغىرچىلىق
سالسا، ھەم شۇنداقلا رەب ئەيسا قۇدرەتلىك پەرىشتىلىرى بىلەن
ئەرشتىن قايتا كۆرۈنگەن چاغدا، ئېغىرچىلىقتا ئۇچرىغان سىلەرگە
بىز بىلەن تەڭ ئاراملىق بەرسە دۇرۇس ئىش بولمامدۇ؟ 8 شۇ چاغدا
ئۇ خۇدانى تونۇمايدىغانلاردىن، شۇنداقلا رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ
خۇش خەۋىرىگە ئىتائەت قىلمايدىغانلاردىن يالقۇنلۇق ئوت بىلەن
ئىنتىقام ئالىدۇ. 9 بۇنداق كىشىلەر رەبنىڭ ھۇزۇرىدىن ۋە كۈچ-
قۇدرىتىنىڭ شان-شەرىپىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، مەڭگۈلۈك ھالاكەت
جازاسىنى تارتىدۇ. 10 ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مۇقەددەس
بەندىلىرىدە ئۇلۇغلىنىپ، شۇ كۈندە بارلىق ئىشەنگەنلەردە (سىلەر

---

5:1 **«بۇ ئىشلار خۇدانىڭ كېلىدىغان ئادىل ھۆكۈمىنى كۆرسىتىدىغان روشەن بىر ئالامەتتۇر ۋە شۇنداقلا، بۇ ئىشلار سىلەرنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا لايىق ھېسابلىنىشىڭلار ئۈچۈن بولىدۇ؛ سىلەر مانا شۇ پادىشاھلىق ئۈچۈن زۇلۇم-زەخمەت چېكىۋاتىسىلەر»** ــ «بۇ ئىشلار» ــ ئېتىقادچىلارغا قارشى چىققانلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشلىرى ھەم تېسالونىكادىكى ئېتىقادچىلارنىڭ سەۋر-تاقەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

— —بۇ ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**5:1** 1تېس. 14:2؛ يەھ. 6.

**7-6:1** زەك. 12:2؛ 1تېس. 16:4.

8:1 **«شۇ چاغدا ئۇ مەسىھ خۇدانى تونۇمايدىغانلاردىن، شۇنداقلا رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىگە ئىتائەت قىلمايدىغانلاردىن يالقۇنلۇق ئوت بىلەن ئىنتىقام ئالىدۇ»** ــ «يەر.» 25:10، «زەب.» 6:79 ۋە «يەش.» 15:66نى كۆرۈڭ.

**8:1** يەر.» 25:10؛ زەب. 6:79؛ يەش. 15:66؛ رىم. 8:2؛ 2پېت. 7:3

9:1 **«بۇنداق كىشىلەر رەبنىڭ ھۇزۇرىدىن ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ شان-شەرىپىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، مەڭگۈلۈك ھالاكەت جازاسىنى تارتىدۇ»** ــ ياكى بولمىسا: «بۇنداق كىشىلەر رەبنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ شان-شەرىپىدىن ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن بولغان مەڭگۈلۈك ھالاكەت جازاسىنى تارتىدۇ».

**9:1** يەش. 19:2.

دەرۋەقە بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىزغا ئىشەنگەندۇرسىلەر) ئۆزىنىڭ كارامەتلىكىنى كۆرسىتىپ، مەدھىيىلەنگىلى كېلىدۇ.
[11] شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سىلەر ئۈچۈن دائىم شۇنداق دۇئا قىلىمىزكى، سىلەرنى چاقىرغان بىزنىڭ خۇدايىمىز سىلەرنى ئۆز ئۇلۇغ چاقىرىقىغا لايىق ھېسابلاپ، ياخشىلىققا ئىنتىلگەن بارلىق گۈزەل مەقسەت-مۇددىئالىرىڭلارنى ۋە ئېتىقادىڭلاردىن چىققان بارلىق خىزمەتلىرىڭلارنى كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغاي. [12] شۇنىڭ بىلەن، خۇدايىمىزنىڭ ۋە رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ نامى سىلەردە شان-شەرەپ بولۇپ ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە سىلەرمۇ ئۇنىڭدا شان-شەرەپكە ئېرىشىسىلەر.

## رەبنىڭ كۈنى، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» ۋە دەججال توغرۇلۇق

2 [1] ئى قېرىنداشلار، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ قايتا كېلىشى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە جەم قىلىنىشىمىز توغرىسىدا سىلەردىن شۇنى ئۆتۈنۈمىزكى، [2] ئەگەر سىلەر «مەلۇم روھتىن كەلگەن ۋەھيي»دىن بولسۇن، بىرسىنىڭ سۆز-تەلىمىدىن بولسۇن ياكى «بىزنىڭ نامىمىزدا» يېزىلغان مەلۇم خەتلەردىن بولسۇن «رەبنىڭ كۈنى يېتىپ كەلدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىساڭلار،

---

10:1 **«ئۇ مەسىھ ... شۇ كۈندە بارلىق ئىشەنگەنلەردە ... ئۆزىنىڭ كارامەتلىكىنى كۆرسىتىپ، مەدھىيىلەنگىلى كېلىدۇ»** ــ «ئۆزىنىڭ كارامەتلىكىنى كۆرسىتىپ، مەدھىيىلىنىش» ــ گرېك تىلىدا بۇ بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.
—«ئۆز مۇقەددەس بەندىلىرىدە... ئىشەنگەنلەردە...». بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسى: (1) «رەب ئەيسانىڭ گۈزەللىكى ۋە پەزىلىتى ئۆز بەندىلىرى، يەنى ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملىرىگە بىرىنچى بولۇپ كۆرۈنىدۇ» ۋە: (2) «ئۇنىڭ بۇ گۈزەللىكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە، يەنى ئۇلار ئارقىلىق پۈتكۈل ئالەمگە كۆرۈنىدۇ» دېگەنلىك بولسا كېرەك.
**10:1** روس. 11:1؛ 1تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

**جىددىلىشىپ ھودۇقۇپ كەتمەڭلار ياكى دەككە-دۈككىگە چۈشمەڭلار!**
**[3] بۇ ئىشلاردا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن سىلەرنى**
**ئالدىشىغا يول قويماڭلار؛ چۈنكى ئاۋۋال «چوڭ يېنىش» بولۇپ، ئاندىن**
**«گۇناھىي ئادەم»، يەنى «ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنغۇچى ئادەم»**
**ئاشكارىلانمىغۇچە، ئاشۇ كۈن كەلمەيدۇ. [4] شۇ ئادەم خۇدا دەپ ئاتالغانغا**
**ياكى كىشىلەر چوقۇنىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەرگە قارشى چىقىپ،**
**ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىپ كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ شۇنداق قىلىپ خۇدانىڭ**
**ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى خۇدا دەپ كۆرسىتىپ جاكارلايدۇ**
**. [5] مەن سىلەر بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىمدا بۇلارنى سىلەرگە ئېيتقىنىم**
**ئېسىڭلاردا باردۇ؟ [6] ۋە ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتى-سائىتى كەلمىگۈچە**
**ئاشكارىلانماسلىقى ئۈچۈن، نېمىنىڭ ئۇنى توسۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى**

---

2:2 **«... «رەبنىڭ كۈنى يېتىپ كەلدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىساڭلار، جىددىلىشىپ ھودۇقۇپ كەتمەڭلار ياكى دەككە-دۈككىگە چۈشمەڭلار!»** ــ «رەبنىڭ كۈنى» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» دېگەن مۇھىم تېما توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**2:2** يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 1يۇھ. 1:4.

3:2 **«چۈنكى ئاۋۋال «چوڭ يېنىش» بولۇپ،... »** ــ «چوڭ يېنىش» بەلكىم «ئېتىقادتىن چوڭ تېنىش»نى كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«بۇ ئىشلاردا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن سىلەرنى ئالدىشىغا يول قويماڭلار؛ چۈنكى ئاۋۋال «چوڭ يېنىش» بولۇپ، ئاندىن «گۇناھىي ئادەم»، يەنى «ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنغۇچى ئادەم» ئاشكارىلانمىغۇچە، ئاشۇ كۈن كەلمەيدۇ»** ــ بۇ مۇھىم ئايەتتىكى «چوڭ يېنىش» («ئېتىقادتىن چىقىپ، ئايرىلىش»)، «گۇناھلىق ئادەم» ۋە «ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنغۇچى ئادەم» (دەججال) توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

—بەزى ئالىملار «چوڭ يېنىش»نى «(خۇداغا قارشى) چوڭ توپىلاڭ» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئۆز تەرجىمىمىزگە ئىسپات بېرىمىز.

**3:2** مات. 23:24؛ 1تىم. 1:4؛ 1يۇھ. 18:2.

4:2 **«شۇ ئادەم خۇدا دەپ ئاتالغانغا ياكى كىشىلەر چوقۇنىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەرگە قارشى چىقىپ، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىپ كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ شۇنداق قىلىپ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى خۇدا دەپ كۆرسىتىپ جاكارلايدۇ»** ــ «يەش.» 13:14-14، «دان.» 36:11، «ئەز.» 2:28-9نى كۆرۈڭ. بۇ ئىش توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ. «ئىبادەتخانا» مۇشۇ ئايەتتە ئەسلى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى «مۇقەددەس جاي»نى كۆرسىتىدۇ.

**4:2** دان. 25:7؛ 11:8؛ 36:11؛ مات. 15:24؛ ۋەھ. 8-1:13

سىلەرگە مەلۇم. [7] چۈنكى «قانۇنىي يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچ» ئاللىقاچان
يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلماقتا؛ لېكىن بۇ ئىشلارنى ھازىرچە توسۇپ
كېلىۋاتقان بىرسى باردۇر؛ ئۇ ئوتتۇرىدىن چىققۇچە شۇنداق توسۇقلۇق
پېتى تۇرىدۇ؛ [8] ئاندىن ئاشۇ «قانۇنىي يوقاتقۇچى» ئاشكارىلىنىدۇ؛
بىراق رەب ئەيسا ئاغزىدىكى نەپەسى بىلەنلا ئۇنى يوقىتىۋېتىدۇ،
كەلگەن چاغدىكى پارلاق نۇرى بىلەن ئۇنى يوق قىلىۋېتىدۇ. [9] «قانۇنىي
يوقاتقۇچى»نىڭ مەيدانغا چىقىشى شەيتاننىڭ پەنتلىرى بىلەن بولىدۇ،
ئۇ ھەر تۈرلۈك كۈچ-قۇدرەت، مۆجىزە ۋە يالغان كارامەتلەرنى كۆرسىتى
پ، [10] ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلەرنى ئازدۇرىدىغان ھەرخىل قەبىھ ھىيلە-
مىكىرلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالاكەت ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ
سەۋەبى ئۆزلىرىنى نىجاتقا يېتەكلەيدىغان ھەقىقەتنى سۆيمەي، ئۇنىڭغا
قەلبىدىن ئورۇن بەرمەسلىكىدىندۇر.
[11] شۇ سەۋەبتىن، خۇدا ئۇلارغا يالغانچىلىققا ئىشەنسۇن دەپ ھەقىقەتنى

**7:2 «چۈنكى «قانۇنىي يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچ» ئاللىقاچان يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلماقتا»**
— «قانۇنىي يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچ» (گرېك تىلىدا «قانۇنىي يوقاتقۇچى سىر») توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز. **«لېكىن بۇ ئىشلارنى ھازىرچە توسۇپ كېلىۋاتقان بىرسى باردۇر»** — 3-4-ئايەتتىكى ««گۇناھىي ئادەم («ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنغۇچى ئادەم»)نىڭ مەيدانغا چىقىشىنى توسۇش» بىلەن «قانۇنىي يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچنى توسۇش»نىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئىككى ئىشنى توسۇغۇچى بىرنىڭچە خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىدۇر. بەزى ئالىملارنىڭ بۇ توغرۇلۇق باشقىچە پىكىرلىرىمۇ بار؛ كۆزقارىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى «قوشۇنچە سۆز»ىمىزدە ئېيتىمىز.
—«قانۇنىي يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچ» (گرېك تىلىدا «قانۇنىي يوقاتقۇچى سىر») توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز. **«ئۇ ئوتتۇرىدىن چىققۇچە...»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ ئوتتۇرىدىن يۆتكىۋېتىلگۈچە...». «قانۇنىي يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچ» بەلكىم شەيتاننىڭ ئاستىرتىن دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرنى، بارلىق دۆلەتلەرنى ھەرخىل قانۇنىي، شۇنداقلا بارلىق ئەخلاق پرىنسىپلارنى بۇزۇش تەرەپكە ئاستا-ئاستا قۇترىتىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەرياننىڭ ئەۋجگە چىقىشى دەججالنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن بولىدۇ. **«ئۇ ئوتتۇرىدىن چىققۇچە شۇنداق توسۇقلۇق پېتى تۇرىدۇ»** — بۇ مۇھىم ئىشلار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**8:2** ئايۇپ 9:4؛ يەش. 4:11.

**9:2** قان. 2:13؛ يۇھ. 41:8؛ 2كور. 4:4؛ ئەف. 2:2؛ ۋەھ. 13:13.

**10:2** 2كور. 2:15؛ 3:4.

چەتنىتىدىغان بىر كۈچ ئەۋەتىدۇ. [12] نەتىجىدە، ھەقىقەتكە ئىشەنمەي،
بەلكى قەبىھلىكنى خۇرسەنلىك دەپ بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى جازاغا
مەھكۇم قىلىنىدۇ.

## قەتئىي تەۋرەنمەڭلار!

[13] لېكىن، ئەي، رەب سۆيگەن قېرىنداشلار، بىز سىلەر ئۈچۈن
ھەردائىم خۇداغا تەشەككۈر ئېيتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇكى، خۇدا
روھنىڭ ۋاستىسىدە پاك-مۇقەددەس قىلىنىشىڭلار ۋە ھەقىقەتكە
ئىشىنىشىڭلار ئارقىلىق سىلەرنى نىجاتقا ئېرىشىشكە مۇقەددەمدىلا تا
لىلىۋالدى. [14] ئۇ بىز يەتكۈزگەن خۇش خەۋەر ئارقىلىق سىلەرنى شۇ نىجاتقا،
يەنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان-شەرىپىگە ئېرىشىشكە چاقىردى.
[15] شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي قېرىنداشلار، تاپان تىرەپ تۇرۇڭلار، بىز سىلەرگە
ئېغىزچە ياكى خەت ئارقىلىق يەتكۈزگەن تەلىمنى چىڭ تۇتۇڭلار!
[16-17] ئەمدى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى ۋە بىزنى سۆيگەن، مېھىر-
شەپقەت بىلەن مەڭگۈلۈك رىغبەت-تەسەللى ھەم گۈزەل ئۈمىد ئاتا
قىلغان خۇدائاتىمىز قەلبىڭلارنى رىغبەتلەندۈرگەي ھەمدە سىلەرنى
ھەربىر گۈزەل ئىش قىلىشتا، ھەربىر ياخشى سۆزلەرنى يەتكۈزۈشتە
كۈچلەندۈرگەي!

**11:2** رىم. 1:24؛ 1تىم. 1:4.

13:2 **«خۇدا روھنىڭ ۋاستىسىدە پاك-مۇقەددەس قىلىنىشىڭلار ۋە ھەقىقەتكە ئىشىنىشىڭلار ئارقىلىق سىلەرنى نىجاتقا ئېرىشىشكە مۇقەددەمدىلا تاللىۋالدى»** — «روھ» — خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى.

**15:2** 2تېس. 6:3.

17-16:2 **«ئەمدى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى ۋە بىزنى سۆيگەن، مېھىر-شەپقەت بىلەن مەڭگۈلۈك رىغبەت-تەسەللى ھەم گۈزەل ئۈمىد ئاتا قىلغان خۇدائاتىمىز قەلبىڭلارنى رىغبەتلەندۈرگەي ھەمدە سىلەرنى ھەربىر گۈزەل ئىش قىلىشتا، ھەربىر ياخشى سۆزلەرنى يەتكۈزۈشتە كۈچلەندۈرگەي!»** — قىزىق بىر ئىش شۇكى، «رىغبەتلەندۈرگەي» ھەم «كۈچلەندۈرگەي» دېگەن پېئىللار گرېك تىلىدىكى «بىرلىك شەخس» شەكلىدىدۇر. دېمەك، «خۇدائاتا» ۋە «رەب ئەيسا» بىر شەخستەك ئىش قىلىدۇ.

**17-16:2** 1تېس. 13:3.

## بىز ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار

3 [1] ئاخىرىدا، ئى قېرىنداشلار، بىز ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلاركى، رەبنىڭ
سۆزى خۇددى سىلەرگە يەتكەن چاغدىكىگە ئوخشاش، ھەرقانداق
يەردە تېز تارقالسۇن ۋە شان-شەرەپلىك دەپ ئۇلۇغلانسۇن؛ [2] شۇنىڭدەك
بىزنىڭ قەبىھ ۋە رەزىل ئادەملەردىن قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈنمۇ دۇئا
قىلىڭلار. چۈنكى ھەممىلا ئادەم ئىشەنچ-ئېتىقادلىق بولۇۋەرمەيدۇ.
[3] ئەمما رەب ئۆزى ئىشەنچلىكتۇر؛ ئۇ سىلەرنى مۇستەھكەم قىلىدۇ
ھەم رەزىل بولغۇچىدىن ساقلايدۇ.
[4] ئەمما رەبدە، سىلەرگە تاپىلىغىنىمىزنى قىلىۋاتىسىلەر، شۇنداقلا
داۋاملىق قىلىۋېرىدۇ، دەپ خاتىرجەممىز. [5] ئەمدى رەب قەلبىڭلارنى
خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە ھەم مەسىھنىڭ سەۋر-چىداملىقىغا
چۆمكەشكە يېتەكلىگەي.

## ئىشلىگەن چىشلەيدۇ

[6] ئەمدى قېرىنداشلار، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا شۇنى
تاپىلايمىزكى، بىزدىن ئالغان تەلىملەرگە رىئايە قىلماي، تەرتىپسىز

---

1:3 «**... بىز ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلاركى، رەبنىڭ سۆزى خۇددى سىلەرگە يەتكەن چاغدىكىگە ئوخشاش، ھەرقانداق يەردە تېز تارقالسۇن ۋە شان-شەرەپلىك دەپ ئۇلۇغلانسۇن**» — «تېز تارقالسۇن» گرېك تىلىدا «يۈگۈرسۇن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**1:3** مات. 38:9؛ ئەف. 19:6؛ كول. 3:4.

**2:3** يـۇھ. 44:6؛ رىم. 31:15.

3:3 «**ئۇ رەب سىلەرنى مۇستەھكەم قىلىدۇ ھەم رەزىل بولغۇچىدىن ساقلايدۇ**» — «رەزىل بولغۇچى» شەيتان، ئىبلىس.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇ (رەب) سىلەرنى رەزىللىكتىن ساقلايدۇ».

**3:3** يـۇھ. 15:17؛ 1تېس. 24:5.

5:3 «**ئەمدى رەب قەلبىڭلارنى خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە ھەم مەسىھنىڭ سەۋر-چىداملىقىغا چۆمكەشكە يېتەكلىگەي**» — «خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى» ئاۋۋال ئۇنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتى، ئاندىن بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىز؛ «مەسىھنىڭ سەۋر-چىداملىقى» ئاۋۋال مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋر-چىداملىقى، ئاندىن بىزنىڭ ئۇنىڭدا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن سەۋر-چىداملىق بولۇشىمىز.

**يۈرگەنلەردىن ئۆزۈڭلارنى نېرى تۇتۇڭلار. [7]بىزدىن قانداق ئۆلگە
ئېلىشىڭلار كېرەكلىكىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر؛ چۈنكى بىز سىلەر
بىلەن بىللە بولغاندا تەرتىپسىز يۈرمىگەنىدۇق. [8]ھېچكىمنىڭ
نېنىنى بىكارغا يېمەيتتۇق؛ بەلكى بىز ھېچقايسىڭلارغا
ئېغىرىمىزنى سالماسلىق ئۈچۈن، كېچە-كۈندۈزلەپ تىرىشىپ-
تىرمىشىپ جاپالىق ئىشلەيتتۇق. [9]بۇنداق قىلىشىمىز، سىلەردىن
ياردەم كۈتۈشكە ھەقلىق بولمىغانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى
ئۆزىمىزنى سىلەرگە بىزدىن ياخشى ئۆلگە قالدۇرۇپ، سىلەرنىڭ
بىزگە ئەگىشىشىڭلار ئۈچۈن ئىدى. [10]چۈنكى بىز سىلەرنىڭ
يېنىڭلاردا بولغىنىمىزدا سىلەرگە: «بىرسى ئىشلىمەيمەن دېسە، ئۇ
يېمىسۇن!» دەپ تاپىلىغانىدۇق. [11]چۈنكى بىز ئاراڭلاردا بەزىلەرنىڭ
تەرتىپسىز لاغايلاپ، ھېچ ئىشلىمەي باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا
ئارىلىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. [12]بىز مۇشۇنداقلارغا رەب
ئەيسا مەسىھدە شۇنداق بۇيرۇيمىز ۋە ئۇلاردىن ئۆتۈنۈپ سورايمىزكى،**

---

6:3 **«ئەمدى قېرىنداشلار، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا شۇنى تاپىلايمىزكى، بىزدىن ئالغان تەلىملەرگە رىئايە قىلماي، تەرتىپسىز يۈرگەنلەردىن ئۆزۈڭلارنى نېرى تۇتۇڭلار»** — «تەرتىپسىز يۈرگەنلەر» كېيىنكى ئايەتلەردىن ئېنىقكى، «بىكار تەلەپلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

**6:3** 1كور. 11:5؛ 2تېس. 15:2؛ 14:3؛ تىت. 10:3.

**7:3** 1كور. 1:11؛ 1تېس. 6:1، 7؛ 2تېس. 10:2.

**8:3** روس. 3:18؛ 34:20؛ 1كور. 12:4؛ 2كور. 9:11؛ 13:12؛ 1تېس. 9:2.

**9:3** 1كور. 16:4؛ 3:9، 6؛ 1:11؛ فىل. 17:3؛ 1تېس. 6:1؛ 9:2.

11:3 **«چۈنكى بىز ئاراڭلاردا بەزىلەرنىڭ تەرتىپسىز لاغايلاپ، ھېچ ئىشلىمەي باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق»** — گرېك تىلىدا روسۇل پاۋلۇس چاقچاق قىلىپ: «... ھېچ ئىش قىلمايدە، لېكىن ھەرتەرەپتە باشقىلارنىڭ ئىشلىرىدا بولغانلىقىنى ئاڭلىدۇق» دەيدۇ.

تىنچ ياشاپ، ئەمگىكىڭلار بىلەن ئۆز نېنىڭلارنى تېپىپ يەڭلار.
[13] لېكىن سىلەر، ئى قېرىنداشلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ئېرىنمەڭلار.
[14] ئەمما ئەگەر ئۇشبۇ خېتىمىزدىكى سۆزلەرگە ئىتائەت قىلمايدىغان بىرسى بولسا، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار ۋە ئۇنى خىجالەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن باردى-كەلدى قىلماڭلار. [15] بىراق، ئۇنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بىر قېرىنداش سۈپىتىدە نەسىھەت قىلىڭلار.

---

12:3 **«بىز مۇشۇنداقلارغا رەب ئەيسا مەسىھدە شۇنداق بۇيرۇيمىز ۋە ئۇلاردىن ئۆتۈنۈپ سورايمىزكى...»** ــ «مۇشۇنداقلار» ــ دېمەك، 11-ئايەتتىكى «تەرتىپسىز لاغايلاپ، ھېچ ئىشلىمەي باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرىدىغانلار». «كىرىش سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**12:3** ئەف. 4:28؛ 1تېس. 4:11.

**13:3** گال. 6:9.

**14:3** مات. 18:17؛ 1كور. 5:9؛ 2تېس. 3:6.

## تىلەكلەر

[16] خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان رەب ھەر ۋاقىت ھەر يولدا شەخسەن
سىلەرگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي. رەب ھەممىڭلار بىلەن بىللە
بولغاي!
[17] مەنكى پاۋلۇس بۇ ئاخىرقى سالىمىمنى ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم؛
بۇ، مېنىڭ ھەممە خەتلىرىمنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسىدۇر. مانا
بۇ مېنىڭ ئۆز قەلىمىمدۇر. [18] رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-
شەپقىتى ھەممىڭلارغا يار بولغاي!

---

16:3 **«خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان رەب ھەر ۋاقىت ھەر يولدا شەخسەن سىلەرگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي»** ــ «خاتىرجەملىك ئىگىسى بولغان رەب» گرېك تىلىدا: «خاتىرجەملىكنىڭ رەببى» ياكى «خاتىرجەملىك بەرگۈچى رەب» ــ دېمەك، خاتىرجەملىك بەرگۈچى ھەم ئۆزى ھەردائىم خاتىرجەملىكتە تۇرغۇچى رەبدۇر.

**16:3** رىم. 33:15؛ 20:16؛ 1كور. 33:14؛ 2كور. 11:13؛ فىل. 9:4؛ 1تېس. 23:5.

17:3 **«مەنكى پاۋلۇس بۇ ئاخىرقى سالىمىمنى ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم. بۇ، مېنىڭ ھەممە خەتلىرىمنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسىدۇر. مانا بۇ مېنىڭ ئۆز قەلىمىمدۇر»** ــ پاۋلۇسنىڭ ھەربىر خېتىدىكى بىرنەچچە قۇرنى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىش ئادىتى بار ئىدى؛ بۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ نامىدا ساختا خەتلەرنى يېزىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن ئىدى. ئۆزىنىڭ كۆزى ئاجىز بولغاچقا، خەتلىرىنى ئادەتتە كاتىپقا يازدۇراتتى. («گالاتىيالىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى ھەم 11:6دىكى ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**17:3** 1كور. 21:16؛ كول. 18:4.

# قوشۇمچە سۆز

ئادەتتىكىدەك چۈشىنىشكە قىيىنراق بولغان ياكى ئالاھىدە بەزى نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلىمىز؛ خەتتە بايان قىلىنغان مۇشۇنداق كۆپ ئايەتلەر تەۋراتتىكى كۆپ بېشارەتلەر بىلەن زىچ باغلىق بولغاچقا، بىز ئاشۇ جەھەتتىن كۆپرەك توختىلىمىز.

5:1 «بۇ ئىشلار خۇدانىڭ كېلىدىغان ئادىل ھۆكۈمىنى كۆرسىتىدىغان روشەن بىر ئالامەتتۇر ۋە شۇنداقلا، بۇ ئىشلار سىلەرنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا لايىق ھېسابلىنىشىڭلار ئۈچۈن بولىدۇ؛ سىلەر مانا شۇ پادىشاھلىق ئۈچۈن زۇلۇم-زەخمەت چېكىۋاتىسىلەر».

پاۋلۇسنىڭ «بۇ ئىشلار» دېگىنى شۈبھىسىزكى، يۇقىرىقى ئايەتلەردە تىلغا ئالغان قارشى چىققانلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرى ھەم تېسالونىكادىكى ئېتىقادچىلارنىڭ سەۋر-تاقەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى نېمىشقا «بۇ ئىشلار» خۇدانىڭ ئادىل ھۆكۈمىگە «روشەن ئالامەت» بولىدۇ؟

بەزى كىشلەر ھەردائىم «مەدەنىيەتلىك»، قىياپىتىدە ئەدەپلىك كىشى كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇلار ھەقىقىي ئىمان، يورۇقلۇق ۋە ھەققانىيلىق پەيدا بولغاندا قارشى چىقىپ ئېتىقادچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنداق ھەرىكەتلىرى ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىققا بولغان نەپرەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىچكى ھەققانىيسىزلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روشەنكى، خۇدانىڭ جازالىرىنىڭ ئۇلارغا چۈشۈرۈلۈشى روشەن ئادالەتلىك بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ۋە زۇلۇم-زەخمەتلەرگە سەۋر-تاقەت بىلەن بەرداشلىق بېرىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان خاتىرجەملىك ھەم مۇھەببەتلىك ئىچكى تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە خۇدانىڭ ئارامبەخشلىرىنى قوبۇل قىلغۇچىلار بولۇشقا لايىقلىقى كۆرۈلىدۇ.

باشقىچە ئېيتقاندا، رەزىللەرنىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشتىكى غەلىبە-مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەمدە ھەققانىيلارنىڭ زۇلۇم-زەخمەت چەككەنلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ زەررىچىلىك ئادالەت ئېڭىگە ئىگە بولغان، خۇدانىڭ شاپائىتى ھەمدە ئادالىتىگە ئىشەنگەن

ھەرقانداق كىشى مۇشۇ ئىشلارغا قاراپ شۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىشى كېرەككى — كەلگۈسى زاماندا بىر چوڭ ھېساب ئالىدىغان، رەزىللەرگە جازا چۈشۈرىدىغان، خۇدانىڭ يولىدا ماڭغانلارغا ئارام-تەسەللى بېغىشلايدىغان بىر كۈنى كەلمەي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ھېسابلاش كۈنى»دە ھازىرقى ئادالەتسىزلىكتە جاپا تارتقان ئېتىقادچىلار راھەت-تەسەللى كۆرىدۇ، ھازىر ئادالەتسىزلىك يۈرگۈزگەنلەر خۇدانىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

## «ۋە شۇنداقلا سىلەرنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا لايىق ھېسابلىنىشىڭلار ئۈچۈن بولىدۇ»

رەببىمىز ئەيسانىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ ھېچقايسى روسۇللىرى ھېچكىمنى «خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا لايىق» دەپ باقمىغان. پەقەت رەببىمىز ئەيسالا مۇشۇنداق ئىبارىنى ئۆزىگە قوللانسا دۇرۇس بولاتتى. ئەمما مۇشۇ يەردە چوڭقۇر بىر خۇدالىق سىر تېپىلىدۇكى، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىزدە ئىش كۆرۈپ، بولۇپمۇ جاپا-زۇلۇملۇق ئىشلاردا بىزدە ئىخلاسمەن بىر خاراكتېرنىڭ ئالامەتلىرىنى ھاسىل قىلغاچقا، ئېتىقادچى ئەر-ئاياللار رەبنىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشكە لايىق كۆرۈنۈشتە بولىدۇ؛ ۋە خۇدا دەرۋەقە ئۇلارنى شۇنداق ھېسابلاشقا رازى بولىدۇ! ئادەملەرنىڭ خۇلق-مىجەزلىرىنى ئۆز خىزمىتىدە بولۇشقا ئۆزگەرتكۈچى، شۇنداقلا بۇ خىزمىتىدە كېرەك بولغان بارلىق ئىلتىپاتلارنى تەمىنلىگۈچى خۇدا كەلگۈسى ھېساب ئالىدىغان كۈنىدە خۇشاللىق بىلەن ئاز بولمىغان كىشىلەرگە: «ئوبدان قىلدىڭ، سەن مېنىڭ ياخشى ۋە سادىق خىزمەتكارىمسەن!» دەيدۇ («مات.» 14:25-30). شۇ كۈنى بىزنىڭ: «ئاھ، رەب، بۇ ئىشلار پەقەت شەپقىتىڭ بىلەن بولدى! ئەمەلىيەتتە ئىشلىگۈچى ئۆزۈڭدۇرسەن! مەن نېمىگە تەرىپلىنىمەن؟!» دېگەندەك جاۋاب بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. خۇدانىڭ يولىدا ئازاب-ئوقۇبەتكە ئۇچراشنى ھېچقاچان «ساۋاب» دەپ ھېسابلىغلى بولمايدۇ؛ ئەكسىچە، ئۇنى بىرخىل ئىمتىياز ھېسابلىشىمىز كېرەك («مات.» 11:5-12، «لۇقا» 22:6-23، «فىل.» 29:1).

شۇڭا ئوقۇرمەنلەر پاۋلۇسنىڭ: «خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا لايىق» دېگىنىنى ئەمەس، بەلكى «خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا لايىق ھېسابلىنىشىڭلار» دېگەن سۆزىنى نەزەرگە ئېلىشى ياخشىدۇر. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى 11:1، «لۇقا» 4:7، 6-7؛ 21:15 ۋە 35:20 بىلەن سېلىشتۇرۇش پايدىلىقتۇر.

## «دەججال» ۋە «رەبنىڭ كۈنى»

مۇشۇ يەردە ئاخىرقى زامانلارغا باغلىق بەزى ھەقىقەتلەرنى 2-بابتىن ئايەتمۇ-ئايەت تەھلىل قىلىمىز: —

1:2 «ئى قېرىنداشلار، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ قايتا كېلىشى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە جەم قىلىنىشىمىز توغرىسىدا سىلەردىن شۇنى ئۆتۈنىمىزكى،...»

«بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە جەم قىلىنىشىمىز» دېگەن ئىش بىرىنچى خېتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ (4:11-15). مەسىھ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقىنىدا، ئۇنىڭدا «ئۆلۈمدە ئۇخلىغانلار» تىرىلدۈرۈلىدۇ ھەمدە يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقان تىرىك ئېتىقادچىلارمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ ھاۋادا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كۆتۈرۈلىدۇ.

2:2 «ئەگەر سىلەر «مەلۇم روھتىن كەلگەن ۋەھيي»دىن، بىرسىنىڭ سۆز-تەلىمىدىن ياكى «بىزنىڭ نامىمىزدا» يېزىلغان مەلۇم خەتلەردىن بولسۇن «رەبنىڭ كۈنى يېتىپ كەلدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىساڭلار، جىددىيلىشىپ ھودۇقۇپ كەتمەڭلار ياكى دەككە-دۈككىگە چۈشمەڭلار!»

مۇشۇ يەردە سەھىپە چەكلىمىسىدىن «رەبنىڭ كۈنى» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئانچە تەپسىلىي توختالمايمىز؛ بىز پەقەت ئوقۇرمەنلەرگە تەۋراتتىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى كۆرسىتىمىز ۋە ئۆزىمىز مۇشۇ ئايەتلەردىن ئالغان بەزى خۇلاسىمىزنى بايان قىلىمىز؛ ئوقۇرمەن ئۆزى خۇلاسىمىزنى تەكشۈرسۇن. شۇنداق ئۈمىدىمىز باركى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئايەتلەرنى شەرھلەپ، خۇلاسىلىرىمىزنى تولۇقراق تەسۋىرلىگۈدەك ۋاقىت چىقىدۇ.

«رەبنىڭ كۈنى» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» دېگەن ئىبارە تەۋراتتىكى كۆپ يەرلەردە تېپىلىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بىز تۆۋەندە، مۇقەددەس كىتابتا، «كۈن»نىڭ تۆرلۈك جەھەتلىرى ئايان قىلىنغان يەرلەرنى تىزىپ كۆرسىتىمىز: —

«يەش.» 2:10-22؛ 1:13-3:14؛ 1:34-17؛ «يەر.» 1:46-10؛ «ئەز.» 1:30-9؛ «يو.» 1:15-2:11؛ 2:31؛ 3:9-17؛ «ئام.» 5:16-20؛ «ئوب.» 1:15-21؛ «زەف.» 1-3-باب؛ «زەك.» 12-14-باب؛ «مال.» 1:4-6 قاتارلىقلار. يەنە «دانىيال پەيغەمبەر» دېگەن قىسمدىكى يەرلەردىمۇ ئاخىرقى زامانلار توغرىسىدا بايانلار ئۇچرايدۇ، لېكىن «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» دېگەن ئىبارە بىۋاستە تىلغا ئېلىنمايدۇ: 2:40-45؛ 7:7-14، 19-28؛ 9:24-27؛ 11:29-12:4. تەۋراتتىكى «ئاخىرقى زامانلار»نى كۆرسىتىدىغان يەنە خېلى كۆپ باشقا قىسىملارمۇ بار.

ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ يەرلەردىن كۆرەلەيدۇكى، «رەببىنىڭ كۈنى» 24 سائەتلىك بىر كۈننى كۆرسەتمەيدۇ؛ ئۇ بەلكى خۇدانىڭ غەزىپى يەر يۈزىدىكىلەرگە بارغانسېرى تۆكۈلىدىغان بىر مەزگىل بولىدۇ؛ ئۇ چاغدا بولىدىغان ئىشلار ئىچىدە تۆۋەندىكى مۇھىم ئىشلار بولىدۇ: —

(ئا) ئادەمنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ئالامەتلەر كۆپەيگەنسېرى تۇۋا قىلىشقا ئاخىرقى بىر پۇرسەت چىقىشى مۇمكىن (خۇدانىڭ شۇ مەقسىتى بولمىغان بولسا، مۇشۇ جازالىرى بىراقلا چۈشۈرۈلگەن بولاتتى).

(ئە) خۇدانىڭ جازالىرى دەججالنىڭ پايتەختى بولغان بابىل شەھىرى ئۈستىگە تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ («يەش.» 13-باب).

(ب) ئىسرائىل تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ۋەجىدىن پەرۋەردىگارغا نىدا قىلغىلى تۇرىدۇ، ئاندىن مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھىيسى ئارقىلىق: «بىز نەچچە مىڭ يىل چەتكە قېقىپ كەلگەن ئەيسا دەل ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھىمىزدۇر» دەپ چۈشىنىپ يېتىدۇ («زەك.» 9:12-2:13).

مۇقەددەس يازمىلاردا «ئاخىرقى زامانلار»نى كۆرسىتىدىغان، بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك يەنە ئۈچ قىسىم بار: —

(ئا) «دان.» 9:24-27، 11:29-12:4.

(ئە) ئىنجىل «ماتتا» 24-بابتا خاتىرىلەنگەن، رەب ئەيسانىڭ ئاخىرقى زامانلار، بولۇپمۇ «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» («زور زۇلۇم-زەخمەت») توغرۇلۇق سۆزلىرى («مات.» 24:21-31).

(ب) ئىنجىلدىكى «ۋەھيي»نىڭ تولۇق قىسمى.

ئىنجىلدىكى «ۋەھيي»دە بېشارەت بېرىلگەن ۋەقەلەرنى دەل رەب ئەيسا «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» ياكى «زور زۇلۇم-زەخمەت» دەپ بېكىتكەن مەزگىلدىكى تەپسىلىي ۋەقەلەرگە ئوخشاش دەپ ئىشىنىمىز. شۇ مەزگىل يەنە دانىيال پەيغەمبەر بېشارەت بەرگەن «يەتمىش يەتتە»نىڭ ئاخىرقى «يەتتە»سى، يەنى تەخمىنەن يەتتە يىلى بولىدۇ («دان.» 9:24-27). بىز يەنە، مۇشۇ مەزگىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمى (ئۈچ يېرىم يىل) خۇدانىڭ غەزىپى تۆكۈلىدىغان ۋاقىت، يەنى تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» دەپ ئاتىغان مەزگىل، دەپ قارايمىز. بىراق، شۇنى دېمىسەك بولمايدۇكى، تەۋراتتىكى بىر قىسىم يەرلەردىمۇ، «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» دېگەن ئىبارە پەقەت مۇشۇ يەتتە يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئالاھىدە قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە «ئازاب-ئوقۇبەت» ئەۋجىگە چىقىپ، ئاخىرىدا مەسىھ يەر يۈزىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۆز پادىشاھلىقىنى بەرپا قىلىدۇ.

(بىز پەيغەمبەرلەر قىسملىرىدىكى، بولۇپمۇ «هاباككۇك»، «يوئېل»، «زەفانىيا» ھەم «زەكەرىيا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ ۋەقەلەر توغرۇلۇقمۇ توختالدۇق).

بىزدە ھازىر، تېسالونىكادىكى ئېتىقادچىلارنىڭ «رەبنىڭ كۈنى»نىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى چۈشىنىشىنىڭ نېمىشقا شۇنچە مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشىمىزگە يەتكۈدەك مەلۇمات بار. بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ «رەبنىڭ كۈنى يېتىپ كەلدى» دېگەنگە نېمىشقا قايىل بولۇشقا مايىل بولغانلىقىنى كۆرىمىز؛ ئۇلار دۇچ كەلگەن زىيانكەشلىك شۇنچە ئەشەددىي ھەم ئۆزلۈكسىز بولغانكى، شۇ مەزگىل رەب ئەيسانىڭ «...ئۇ چاغدا دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن مۇشۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەم كەلگۈسىدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت بولىدۇ...» دەپ ئېيتقىنىغا ئوخشايتتى؛ دەرۋەقە «ۋەھيي» دېگەن قىسىم بىزگە «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ ئەشەددىي زىيانكەشلىككە تولغان، مىليونلىغان ئېتىقادچىلار ئۆلتۈرۈلىدىغان بىر مەزگىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما «رەبنىڭ كۈنى» تېخى يېتىپ كەلمىدى؛ پاۋلۇس بۇنىڭدىن ئاۋۋال يۈز بېرىدىغان ئىككى ۋەقەنى بىزگە ئېيتىدۇ:

(ئا) (ئېتىقادتىن) «چوڭ يېنىش»؛

(ئە) «گۇناھىي ئادەم» كۆرۈلىدۇ: —

3:2 «بۇ ئىشلاردا ھېچقانداق ئادەمنىڭ ھېچقانداق ئۇسۇل بىلەن سىلەرنى ئالدىشىغا يول قويماڭلار؛ چۈنكى «چوڭ يېنىش» ئاۋۋال بولۇپ، ئاندىن «گۇناھىي ئادەم»، يەنى «مەڭگۈلۈك ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنغۇچى ئادەم» ئاشكارىلانمىغۇچە، ئاشۇ كۈن كەلمەيدۇ».

(1) «چوڭ يېنىش» (گرېك تىلىدا «ئاپوستاسىيا») دېگەن نېمە؟

گرېك تىلىدا مۇشۇ سۆزنىڭ ئاددىي مەنىسى پەقەت «ئايرىلىش» «يېنىدىن چىقىش». ئىنجىلدا بۇ سۆز 16 قېتىم ئىشلىتىلگىنىدە ئۇ دەل شۇ مەنىدە قوللىنىلغان، مەيلى ئەسلى مەنىسى ياكى كۆچمە مەنىسىدە بولسۇن. «كۆچمە مەنە»دە بولغان بىر جاي «1تىم» 1:4دە تېپىلىدۇ: —

«مۇقەددەس روھ شۇنى بىرگە ئوچۇق ئېيتىدۇكى، ئاخىر زاماندا بەزىلەر ئېتىقادتىن يېنىپ (ياكى تېنىپ)، ھىيلىگەر جىنلار ۋە ئۇلارنىڭ ساختا تەلىملىرىگە ئەگىشىدۇ».

بەزى ئالىملار مۇشۇ يەردىكى (3:2دە) «ئاپوستاسىيا»نى «ئىسيان» ياكى «توپىلاڭ» دەپ تەرجىمە قىلغىنى بىلەن، لېكىن بىز ئىنجىلنىڭ ئۆزىدىن بۇنىڭغا ھېچ ئاساس تاپالمايمىز؛ بەلكى پاۋلۇسنىڭ يۇقىرىقى «تىموتىيغا (1)»دىكى بېشارىتىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنى «تېسالونىكالىقلارغا (2)»دىمۇ ئوخشاش ئىشنى، يەنى «ئېتىقادتىن يېنىش»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.

ئەمدى ئەشەددىي زىيانكەشلىك باسقان، «مەن مەسىھگە ئىشىنىمەن» دېگەن ھەرقانداق بىرسى شۇ سەۋەبتىن ئۆز ئۆيى-بىساتلىرىدىن، ئەركىنلىكىدىن ھەتتا ئۆز بېشىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن بولغان شۇ كۈنلەردە، ئادەملەرنىڭ پەقەت ئۆز شەخسىي مەنپەئىتىنى كۆزلەپ: «مەن مەسىھگە ئىشىنىمەن» دەيدىغان، «ئادەملەر سىرتقى قىياپەتتە ئىخلاسمەن بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە كۈچلىدە خۇدانىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىدىغان» («2تىم» 3-باب) مۇشۇنداق باشقىچە بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىغان؟ رەببىمىز ئەيسا ئۆزى تەمسىللىرىدە خۇدانىڭ پادىشاھلىقى توغرۇلۇق ئوخشاش ھەقىقەتلەرنى كۆرسەتكەنىدى (مەسىلەن، «ماتتا» 13-باب). شۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزى مۇخلىسلىرىنىڭ باشلىرىنى قاتۇرۇۋەتكەنىدى.

مۇبادا بەزىلەر پاۋلۇسنىڭ: «ئاپوستاسىيا» دېگەن سۆزنى مۇشۇ يەردە يەنە «توپىلاڭ» دەپ تەرجىمە قىلسا، بىز پەقەت ئۇلاردىن: «بۇنىڭدا زادى نېمە يېڭىلىق بار؟!» دەپ

سورايمىز. ئادەمئاتىمىزدىن تارتىپلا پۈتكۈل دۇنيا، جۈملىدىن مەسىھكە بېقىنغۇچى بىزلەرمۇ ئەسلىدە خۇداغا قارشى چىقىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟!

لېكىن دەل روسۇل ئالدىنئالا ئېيتقىنىدەك، ھەتتا ئۆز دەۋرىدە بەزىلەر «ئېتىقادتىن يېنىپ»، ساختا تەلىملەرنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. مۇشۇ خەت يېزىلىپ 300 يىلغىچە رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ چىقتى؛ رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن «مەسىھكە ئېتىقاد قىلدىم» دەپ جاكارلىدى. ئۇ بۇتپەرەسلىكنى «ياخشى ئەمەس» دەپ چەكلىدى. ئۇشتۇمتۇت، «خرىستىئان» بولۇش ئومۇملىشىپ، «ئابرۇيلۇق ئىش»، ھەتتا بەزىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىش بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ئىمپېراتور كونستانتىن ئىنجىلنىڭ تۈپ خەۋىرىنى ھېچ چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئىنجىلغا خىلاپلىق قىلىپ بەزى پەرمانلارنى چۈشۈرگىنىدە جامائەت يېتەكچىلىرى ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ھەتتا جامائەتنىڭ ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا يول قويدى. بۇنداق يول قويۇش «روھىي پاھىشىۋازلىق»، «جامائەت»نىڭ سىياسىي كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. مەسىھدىن باشقا ھېچكىم جامائەتنىڭ بېشى بولۇشقا، يەنى جامائەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئەمەس. ئەلۋەتتە، شۇ چاغدا ئىنجىلغا خىلاپ شۇ ئىشلارغا قارشى تۇرغان، ئاۋازىنى كۆتۈرۈشكە پېتىنغان بەزى ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەر چىقتى. ئاندىن يەنە ئۇزۇن ئۆتمەي كۆپ ئاتالمىش «ئىشەنگۈچىلەر» ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغانىدى. تارىخشۇناسلار مۇشۇ مەزگىلنى «قاراڭغۇلۇق دەۋر» ياكى «زۇلمەت دەۋرلىرى» دەپ ئاتىغانلىقى توغرىدۇر. شۇ چاغلاردا ئىمپېرىيەدىكى «جامائەتلەر»دە دۇئا قىلىش ۋە ئىنجىلنى ئوقۇش پەقەت ئازلا ئادەملەر چۈشىنەلەيدىغان لاتىن تىلىدا بولاتتى. جۈرئەتلىك ئادەملەرنىڭ تەۋرات-ئىنجىلنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىشى بىلەن، «ئىسلاھات» («رېفورماتسىيە») دېگەن مەزگىل باشلاندى؛ ئىشەنگۈچىلەر زىيانكەشلىكتىن ئۇياق-بۇياقلاردا يوشۇرۇن ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى جاكارلايدىغان ئوچۇق جامائەتلەردە يىغىلىشقا باشلىدى.

ئەمما شۇ ئىش ھەممىمىزگە روشەنكى، «چوڭ يېنىش» ئاللىقاچان، يەنى رىم ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە باشلانغانىدى؛ ھازىرقى زاماندىكى بىر ئىپادىسى شۇكى، ئىنتايىن كۆپ ئادەملەر «مەسىھكە ئىشىنىمەن» (مەن مەسىھىي، «خرىستىئان») دېگىنى بىلەن ھەتتا مەسىھنىڭ سۆزىنى ئوقۇمايدۇ؛ بەزى ئاتالمىش «پوپلار»، «پاستورلار»، «روھانىيلار» ھەتتا مۇقەددەس كىتابتىكى تەلىماتلارغا ئوچۇق قارشى بولغان

ئېتىقادسىزلىقنى ئۆگەتتى. مانا مۇشۇ جەمئىيەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن «بەچچىۋازلارنىڭ ‹گوموسېكسۇئال› تويلىرى»غا قاراڭلار.

ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، پارس، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگودىكى جامائەتلەرنىڭ تارىخى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ؛ مۇشۇ جايلاردا بولغان جامائەتلەر 10-ئەسىرگىچە ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇرغان. لېكىن 10-ئەسىردە ئاشۇ «شەرقىي جامائەتلەر» بۇددىنىدىكى ئۇقۇملارنى قوبۇل قىلىشقا باشلاپ، ئۇلاردىمۇ «چوڭ يېنىش» بولدى. كېيىن ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە باشقا ئېتىقادلارنى ۋاقىتلىق يوقىتىۋەتتى.

شۇڭا بىز «چوڭ يېنىش» يۈز بەردى، دەپ قارايمىز — ۋە ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەتراپىمىزدا «چوڭ يېنىش»تىكى ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مىساللار پەيدا بولماقتا.

— «گۇناھىي ئادەم» دېگەن كىم؟

4:2 «ئۇ (‹گۇناھىي ئادەم›) خۇدا دەپ ئاتالغانغا ياكى كىشىلەر چوقۇنىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارشى چىقىپ، ئۆزىنى ھەممىسىدىن ئۈستۈن قىلىپ كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ شۇنداق قىلىپ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى خۇدا دەپ كۆرسىتىپ جاكارلايدۇ».

تەۋراتنى ئوقۇغانلار مۇنۇ سۆزلەردىن شۇ ھامان «دانىيال»دا بېشارەت بېرىلگەن «دەججال» (مەسىھنىڭ رەقىبى)نىڭ سىياقىنى تونۇپ يېتىدۇ: —

«... شىمالىي پادىشاھ ئۆز مەيلىچە قىلىۋېرىدۇ؛ ئۇ تەكەببۇرلىشىپ، ئۆزىنى ھەرقانداق ئىلاھلاردىنمۇ ئۇلۇغلاپ ئۈستۈن قويۇپ، ھەتتا ھەممە ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى بولغۇچىغا ئاجايىب كۇپۇرلۇق سۆز قىلىدۇ؛ تاكى خۇدانىڭ غەزىپى تولۇق تۆكۈلگەن كۈنگىچە ئۇ داۋاملىق زور روناق تاپىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ بېكىتكىنى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. بۇ پادىشاھ ئاتا-بوۋىلىرى چوقۇنغان ئىلاھلارغىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ، ئاياللارغىمۇ ھېچقانداق ھەۋەس قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرقانداق ئىلاھنى

ھۆرمەتلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ھەرقانداق ئىلاھتىن ئۇلۇغ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۇ «كۈچلەر ئىلاھى»نى ھۆرمەتلەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئەزەلدىن چوقۇنمىغان بۇ ئىلاھنى بولسا ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت ۋە باشقا قىممەتلىك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇ ئەڭ مۇستەھكەم قورغانلارنى شۇنداق بىر غەيرىي ئىلاھقا تايىنىپ ئىگىلەيدۇ. كىمكى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىنسا، ئۇ شۇلارغا شەرەپلىك مەنسەپ بېرىدۇ، ئۇلارنى كۆپچىلىكنى باشقۇرىدىغان قىلىدۇ ۋە ئىنئام سۈپىتىدە يەر-زېمىننى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ» («دان.» 11:36-39).

بىز «دانىيال»دىكى بېشارەتلەرنى «ۋەھىي»دىكى بېشارەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «دەججال»نى ئاخىر بىرىپ پۈتكۈل يەر يۈزىگە دىكتاتورلۇق ھۆكۈم سۈرىدۇ، دەپ قارايمىز؛ ئۇ قالايمىقانچىلىقتا، پاتپاراقلىقتا پەيدا بولۇپ دۇنياغا كېلىپ: «ماڭا ئەگىشىپ، ھەممە ئىشلىرىڭلارنى ماڭا تاپشۇرساڭلار، مەن سىلەردىكى بارلىق تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىپ ئامان-تىنچلىق ھاسىل قىلىمەن» دېگەندەك بىر ۋەدىلەرنى قىلىدۇ («1تېس.» 3:5). ئۇنىڭ ۋەدىلىرى ئىسرائىلغىمۇ دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزۇپ ئامانلىقنى تەمىنلەيدىغان بىر ئەھدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ («دانىيال» 9-بابتىكى شۇ «ئەھدە» توغرىسىدىكى ئايەتنى تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرىمىز). لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئەھدىسى پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق بولىدۇ. «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىكى يەتتە يىلنىڭ دەل ئوتتۇرىدا ئۇ يەھۇدىي خەلقىگە تولىمۇ ئاسىيلىق قىلىپ «بۇ يەردە ماڭا ئىبادەت قىلىنسۇن» دەپ ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ئۆزىنىڭكى قىلىۋالىدۇ. «دان.» 9:27دە «خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى» توغرۇلۇق نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى كۆرۈڭ: —

«ئۇ ئەمىر (دەججال) خۇدانىڭ خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ئاخىرقى بىر «يەتتە ۋاقىت»تا دوستلۇق ئەھدىسىنى تاكامۇل قىلىدۇ، لېكىن بۇ «يەتتە ۋاقىت»نىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇ ئىبادەتخانىدىكى قۇربانلىق ۋە ئاش ھەدىيەلەرنى سۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئۇ چاغدا «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا قويۇلىدۇ. تاكى بالايىئاپەت، يەنى خۇدا بېكىتكەن كۈلپەت ۋەيران قىلغۇچى كىشىنىڭ بېشىغا ياغدۇرۇلغۇچە شۇ يەردە تۇرىدۇ» (9:27).

(بۇ توغرۇلۇق بىزنىڭ ««دانىيال پەيغەمبەر»دىكى «قوشۇمچە سۆز»»ىمىزنى ياكى ««دانىيال»دىكى مۇھىم ساۋاقلار ۋە بېشارەتلەر» دېگەن كىتابچىمىزنىمۇ كۆرۈڭ).

بىز مۇشۇ ئىشنى پاۋلۇسنىڭ «2تېس.» 4:2دىكى دەججالنىڭ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرى بىلەن ئىنجىل «مات.» 15:24دە خاتىرىلەنگەن، رەب ئەيسانىڭ ئوخشاش تېمىدىكى سۆزلىرى تولۇق مۇناسىۋەتتە تۇردۇ دەپ قارايمىز: —

«دانىيال پەيغەمبەر قەيت قىلغان «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نىڭ مۇقەددەس جايدا تۇرغىنىنى كۆرگىنىڭلاردا (كىتابخانلار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەي)، يەھۇدىيە ئۆلكىسىدە تۇرۇۋاتقانلار تاغلارغا قاچسۇن...» («مات.» 24:15ـ16).

يۇقىرىقى ئۈچ بېشارەتتە «ئىبادەتخانا» ئېنىق تىلغا ئېلىنىدۇ. دانىيال بېشارەتتىكى سۆزلىرىنى يازغان ۋاقىتتا، ئىبادەتخانا 70 يىل ئىلگىرى ۋەيران قىلىنغانىدى؛ لېكىن رەب ئەيسا سۆزلىگەن ۋاقىتتا ۋە پاۋلۇس يۇقىرىقى 4:2دىكى سۆزلەرنى يازغاندا ئىبادەتخانا قايتىدىن يېرۇسالېمدا قۇرۇلغان بولۇپ مەزمۇت تۇراتتى. ئون يەتتە يىل كېيىن ئىبادەتخانا رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مىلادىيە 70ـيىلى يەنە ۋەيران قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈچىنچى بىر ئىبادەتخانا يېرۇسالېم شەھىرىدە قۇرۇلىدۇ، دېگەن ئىشەنچىمىز بار. مۇشۇ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق «دانىيال پەيغەمبەر»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىن ئۆزۈندە ئېلىپ ئېيتىپ ئۆتمىسەك بولمايدۇ: —

«(بىزگە روشەنكى...) پەيغەمبەرلەر كەلگۈسىدە يېڭى بىر ئىبادەتخانا قۇرۇلۇپ، قۇربانلىقلار تۈزۈمى قايتىدىن ئورنىتىلىدۇ، دەپ ئالدىن ئېيتقان بولسىمۇ، بۇ ئىبادەتخانىنى يەھۇدىيلار مەسىھ ئەيساغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن قىلغان ئۇلۇغ قۇربانلىقىدىن خەۋەرسىز ھالەتتە قۇرىدۇ. ئىنجىلدا ئايان قىلىنىدۇكى، مەسىھ ئەيسا گۇناھلار ئۈچۈن چوڭ قۇربانلىق بولغانىكەن، ھازىر ھەرقانداق ھايۋان قۇربانلىقى پۈتۈنلەي ھاجەتسىز. ئىبادەتخانىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئىنجىلغا ئاساسەن، خۇدانىڭ مەسىھنى قوبۇل قىلغان بەندىلىرى ئۇنىڭ ئۇلۇغ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسى

بولدى. شۇنداقتىمۇ، كەلگۈسىدە يەھۇدىيلار قۇرغان ئاشۇ ئىبادەتخانا نۇرغۇن (تولۇق چۈشەنمىگەن) كىشىلەرنىڭ نەزرىدە «مۇقەددەس بىر جاي» دەپ قارىلىشى مۇمكىن. شۇڭا دەججالنىڭ ئۇنى بۇلغىشى، باشقىچە ئېشلىتىشى خۇدانىڭ نەزرىدە ناھايىتى ئېغىر بىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بىراق بۇ «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» پەقەت خۇدا ئاللىبۇرۇن بېكىتكەن ۋاقىتقىچىلا داۋاملىشالايدۇ: —

«تاكى بالايىئاپەت، يەنى خۇدا بېكىتكەن كۆلپەت ۋەيران قىلغۇچىنىڭ بېشىغا ياغدۇرۇلغۇچە («يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق») شۇ يەردە تۇرىدۇ».

بۇ ئىشلارنى خۇدا ئاللىبۇرۇن بېكىتكەن. خۇدا ئۇلارغا يول قويغان ئاخىرقى «يەتتە ۋاقىت»نىڭ ئىككىنچى يېرىمى (1260 كۈن)دىكى ئازابلىق مەزگىلدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. دەججال ئاغدۇرۇلۇپ گۇمران قىلىنىدۇ».

تەھلىلىمىزنى داۋام قىلايلى: —

5:2 «مەن سىلەر بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىمدا بۇلارنى سىلەرگە ئېيتقانلىقىم ئېسىڭلاردا باردۇ؟»

روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئۇلارغا پەقەت ئۈچ ھەپتە ئىچىدىلا شۇنچە كۆپ ئىشلارنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەنلىكى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ؛ بۈگۈنكى كۈنلەردە شۇنچە كۆپ ئىشەنگۈچىلەر كۆز ئالدىدا بىر پۈتۈن مۇقەددەس كىتاب تۇرۇقلۇق، تېخىچە ئاخىر زامانلاردىكى ئىشلارنى ئاڭقىرالماي يۈرىدۇ.

7-6:2 «ۋە ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتى-سائىتى كەلمىگۈچە ئاشكارىلانماسلىقى ئۈچۈن نېمىنىڭ ئۇنى توسۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى سىلەرگە مەلۇم. چۈنكى «قانۇننى يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچ» ئاللىقاچان يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلماقتا؛ لېكىن بۇ ئىشلارنى ھازىرچە توسۇپ كېلىۋاتقان بىرسى باردۇر؛ ئۇ ئوتتۇرىدىن چىققۇچە شۇنداق توسۇقلۇق پېتى تۇرىدۇ».

«قانۇننى يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچ» بەلكىم شەيتاننىڭ ئاستىرتىن دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرنى، بارلىق دۆلەتلەرنى ھەرخىل قانۇننى، شۇنداقلا بارلىق ئەخلاق پرىنسىپلارنى بۇزۇش تەرەپكە ئاستا-ئاستا قۇترىتىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەرياننىڭ ئەۋجىگە چىقىشى دەججالنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن بولىدۇ.

ئالىملار ئارىسىدا «تۇسۇپ كېلىۋاتقان»نىڭ كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا كۆپ مۇزاكىرىلەر بولغان. بىز پەقەت شۇ ئاددىي پىكرىمىزنى ئېيتىمىزكى، ئاخىرقى ئايەتتىن «تۇسۇغۇچى» بىر «شەيئى» ئەمەس، بەلكى بىر شەخس سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ؛ ئۇ خۇدادىن چىققان بولۇشى كېرەك، چۈنكى شەيتان تەرىپىدىن بىر كۈچنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەكىلى بولغان دەججالنى توسۇشى ياكى بېسىپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن «تۇسۇغۇچى» دەل خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ ئۆزى دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. بۇ خۇلاسىگە ماس كېلىدىغان، كۆپ يىل بۇرۇن نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكىلەر توغرۇلۇق ئېيتىلغان خۇدانىڭ بىر سۆزى بار: «مېنىڭ روھىم ئىنسان بىلەن مەڭگۈ كۆرەش قىلىشۋەرمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئەتتۇر (ئەتكە تەۋەدۇر)» (دېمەك، ئىنساننى روھ ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەتلىرىدىكى ئارزۇ-ھەۋەسلىرى باشقۇرىدۇ) («يار.» 3:6).

مۇشۇ يەردە مۇقەددەس روھنىڭ ئىنساننىڭ ۋىجدانىدا «كۆرەش قىلىپ» گۇناھلىرىنى توسۇغۇچى ياكى باسقۇچى بولىدىغان رولى كۆرۈنىدۇ؛ لېكىن ئۇنىڭ ئىنسانلار بىلەن مۇشۇنداق «كۆرەش قىلىدىغان» كۈنلىرى چەكسىز بولمايدۇ؛ بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى توسۇپ باسقۇدەك دەرىجىدىن ئېشىپ كېتىدۇ — «چۈنكى ئۇ ئەتتۇر». شۇ كۈنى مۇقەددەس روھ «ئوتتۇرىدىن چىقىدۇ» ئەمەسمۇ؟ دېمەك، مۇقەددەس روھ ئىنساننىڭ ئۆز گۇناھىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ مېڭىشىغا توسالغۇلۇق قىلماي «ئوتتۇرىدىن چىقىدۇ». زادى نېمىنىڭ ياكى كىملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىققانلىقى بىزگە تېخى ئېنىق ئەمەس. بىراق روسۇلنىڭ دېگىنىدەك: ««قانۇنىي يوقاتقۇچى سىرلىق كۈچ» ئاللىقاچان يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلماقتا» — ئەمما تارىختىن بۇيان خۇدا مەلۇم تەدبىرلەر بىلەن «قانۇنىي يوقىتىش» ياكى «قانۇنغا قارشى تۇرۇش»تىكى ئىپادىلەرنى چەكلەپ كەلدى. ئەڭ كۈچلۈك «توسۇغۇچى تەدبىر»لەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولدى: —

(1) خۇدانىڭ چەكلىك (دېمەك، تېخى تولۇق بولمىغان) جازالىرى (مەسىلەن توپان، سودوم ۋە گومورra شەھەرلىرىگە تۆكۈلگەن ئوت-گۈڭگۈرت قاتارلىقلار)؛

(2) خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەھۇدىي خەلقىگە چۈشۈرگەن تەۋرات قانۇنى؛

(3) ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى، مۇقەددەس روھنىڭ ئىنساننىڭ روھ-ۋىجدانىدا «كۆرەش قىلىشى» — يەنى سۆز قىلىش، جەلب قىلىش، ئۆتۈنۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرى. دېمىسەك بولمايدۇكى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر بىر ئامىل خۇدانىڭ جامائىتىدىكى سادىق

ئەر-ئايالللارنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن بولغان دۇئا-تىلاۋەت خىزمەتلىرىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ئىسپات ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەردىن «دۇنيادا قايسى دۆلەتلەر چىرىكلىشىش مەسىلىسىدىن ئەڭ خالاس بولغان؟» (ھېچ دۆلەتتە يوق، ئەلۋەتتە!) دەپ سورىساق، دەل ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى تەۋرات-ئىنجىلنىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان، ھەقىقەتنى جاكارلايدىغان جامائەتلەر ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەتلەردە چىرىكلىشىش مەسىلىلىرىنىڭ ئەڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىمىز ۋە شۇنداق دەپ ئىشىنىمىز. ئېتىقادچى جامائەتلەرنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرىنىڭ تەسىرى كۆرۈنمىسە، (يەرلىك دىنىي تۈزۈم نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) چىرىكلىشىش تۇرمۇشنىڭ نورمال بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ.

شۇنداق بىر كۈنى كېلىدۇكى، خۇدا ئۆز جامائىتىگە «ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھى چەكلەنسۇن!» دەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىش بۇرچ-يۈكىنى سېلىشتىن توختايدۇ؛ نەتىجىدە، قەبىھ-رەزىللىك پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قاپلىۋالىدۇ؛ خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىدىن سىرت پۈتكۈل جاھان ئالدىنىپ ئېزىتقۇلۇققا پېتىپ كېتىدۇ. ئالدىنىش ئەۋجىگە چىققاندا پۈتكۈل ئىنسانلار شەيتاننىڭ ۋەكىلى ۋە ئوبرازى بولغان دەججالغا چوقۇنۇشقا، قولىغا ياكى پېشانىسىگە ئۇنىڭ تامغىسىنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولىدۇ («ۋەھ.» 8:13). ھەتتا خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىگە ئۆزلىرىنى ئالدىنىشتىن ساقلاش تەس بولىدۇ («مات.» 24:24). بۇ ئېزىتقۇلۇق دەججال ۋە ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك مۆجىزىلەر ۋە كارامەتلەرنى يارىتىشى ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈلىدۇ. بىز تۆۋەندىكى ئايەتلەردە مۇشۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئوقۇيمىز: —

12-8:2 «ئاندىن ئاشۇ «قانۇن يوقاتقۇچى» ئاشكارىلىنىدۇ؛ بىراق رەب ئەيسا ئاغزىدىكى نەپىسى بىلەنلا ئۇنى يوقىتىپ، كەلگەن چاغدىكى پارلاق نۇرى بىلەن ئۇنى يوق قىلىۋېتىدۇ. «قانۇن يوقاتقۇچى»نىڭ مەيدانغا چىقىشى شەيتاننىڭ پەنتلىرى بىلەن بولىدۇ، ئۇ ھەر تۈرلۈك كۈچ-قۇدرەت، مۆجىزە ۋە يالغان كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلەرنى ئازدۇرىدىغان ھەرخىل قەبىھ ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالاكەت ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۆزلىرىنى نىجاتقا يېتەكلەيدىغان ھەقىقەتنى سۆيمەي، ئۇنىڭغا قەلبىدىن

ئورۇن بەرمەسلىكىدىندۇر. شۇ سەۋەبتىن، خۇدا ئۇلار يالغانچىلىققا ئىشەنسۇن دەپ، ھەقىقەتتىن چەتنىتىدىغان بىر كۈچ ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە، ھەقىقەتكە ئىشەنمەي، بەلكى قەبىھلىكنى خۇرسەنلىك دەپ بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى جازاغا مەھكۇم قىلىنىدۇ».

بۈگۈنكى كۈن توۋا قىلىش ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش كۈنىدۇر. بۇ ئىشلارنى كېچىكتۈرۈش كېلىدىغان ئېزىتقۇلۇققا مۇپتىلا بولۇپ ئالدىنىشنىڭ خەۋپىگە يېقىن تۇرۇشقا باراۋەردۇر؛ ئۇنداق ئالدانغانلار دەججالنىڭ دۇنياغا يەتتە يىللىق ھۆكۈم سۈرۈشىدە ئۇنىڭغا قۇل بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا مەسىھ قايتىپ كەلگىنىدە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.

# ئىنجىل 15-قىسىم

# «تىموتىيغا (1)»

# روسۇل پاۋلۇسنىڭ تىموتىيغا يازغان بىرىنچى مەكتۇپى

## كىرىش سۆز

«تىموتىي»نىڭ ئىسمى ئىنجىلدىكى سەھىپىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇ كىم؟ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم ئەيسا مەسىھ توغرۇلۇق خۇش خەۋەرنى ئاڭلىشى، بەلكىم، روسۇل پاۋلۇس بىلەن روسۇل بارناباس ئىكونىئون (ھازىر «كونىيا») ئۆلكىسىدىكى لىسترا دېگەن شەھەرگە (ھازىرقى تۈركىيىدە) كەلگەندە ئۆز يۇرتىدا بولدى (بەلكىم مىلادىيە 46-يىلى). پاۋلۇس ۋە بارناباس بۇ رايوندا بىرىنچىچە ئاي تۇرۇپ خۇش خەۋەرنى جاكارلىدى ۋە ئۇ يەردىكى كۆپ كىشىلەر زىيانكەشلىك ئاستىدا بولسىمۇ، خۇشاللىق بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلدى («روس.» 14:5-6). بۇلار ئىچىدە لوئىس ئىسىملىك بىر يەھۇدىي موماي بار ئىدى؛ ئۇنىڭ گرېك بىر ئەرگە تەگكەن، ئەۋنىكى ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى؛ ئۇ ئېرىدىن تىموتىي (گرېك تىلىدا «تىموتېئۇس») (مەنىسى: «خۇدانىڭ ھۆرمىتى») دېگەن ئوغۇلنى تۇغقانىدى؛ شۇنىڭدىن كېيىن بەلكىم ئېرى دۇنيادىن كەتكەن بولسا كېرەك. موماي، قىزى ۋە چوڭ ئوغلى بىلەن بىللە تۇراتتى، بەلكىم ئۇلار قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا ھەممىسى رەبگە ئېتىقاد باغلىغانىدى. تىموتىي بەلكىم ئۆز قۇلىقى بىلەن روسۇل پاۋلۇسنىڭ ۋەز ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىشەنگەن؛ چۈنكى پاۋلۇس ئۇنى «ئېتىقاد يولىدىكى ئۆزۈمنىڭ سادىق ئوغلۇم تىموتىي» دەپ ئامراقلىق بىلەن

ئاتىغان («1تىم» 1:2نى ۋە «2تىم» 1:2نى كۆرۈڭ). تۆۋەندىكى نەقىل كەلتۈرۈلگەن «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 1:16-3-ئايەتلەرنى «تىموتىيغا (2)» 1:5-ئايەت بىلەن سېلىشتۇرۇڭ: —

«ئاندىن ئۇ دەربە ۋە لىسترا شەھەرلىرىگىمۇ باردى. مانا، شۇ يەردە ئېتىقادچى يەھۇدىي بىر ئايالنىڭ ئوغلى، تىموتىي ئىسىملىك بىر مۇخلىس بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى بولسا گرېك ئىدى. لىسترا ۋە كونىيا (ئىكونىئون) شەھەرلىرىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ توغرىلۇق ياخشى گۇۋاھلىق بېرەتتى. پاۋلۇس ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. بىراق بۇ يەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى تىموتىينىڭ ئاتىسىنىڭ گرېك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، پاۋلۇس ئۇنى ئېلىپ خەتنە قىلدۇردى».

بۇ ئىش بەلكىم مىلادىيە 50-يىلى بولغانىدى.

بۇ ئايەتلەرگە قارىغاندا، پاۋلۇس تىموتىينىڭ چىن ئېتىقادلىق ۋە خۇدانىڭ خەلقىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئىنتىزارلىق ۋە مۇھەببەتكە تولغان قەلبى بار ئالاھىدە ئېسىل بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنى گرېتسىيە ۋە كىچىك ئاسىيادا ئۇياق-بۇياقلارنى كېزىپ ماڭىدىغان «خۇش خەۋەرچىلەر گۇرۇپپىسى»غا قاتناشتۇرۇپ، ئېلىپ ماڭغان. دېمىسەك بولمايدۇكى، پاۋلۇسنىڭ تىموتىينى خەتنە قىلدۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇنى قانداقتۇر «روھىي مەنپەئەت»كە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ «سىناگوگ»لىرىغا، شۇنىڭدەك يەھۇدىي جەمئىيىتىدىكى سورۇنلارغا كىرىپ مەسىھنىڭ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ۋە تەلىم بېرىش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى يەھۇدىي، ئاتىسى يەھۇدىي ئەمەس بولغاچقا، ئۇ پەقەت خەتنىلىك بولسىلا يەھۇدىيلار ئۇنى يەھۇدىي دەپ قاراپ، قوبۇل قىلاتتى.

كېيىنكى ئون بەش يىلدا تىموتىي روسۇلنىڭ دائىملىق ھەمراھى بولغانىدى. شۈبھىسىزكى، روسۇل ئۇچرىغان ھەربىر ئېغىرچىلىق، خەۋپ-خەتەر ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرگە ئۇمۇ ئورتاق ئۇچرىغان:

«دائىم سەپەرلەردە بولىمەن؛ دەريالارنىڭ خەۋپلىرىنى، قاراقچىلارنىڭ خەۋپلىرىنى، يۇرتداشلىرىمنىڭ خەۋپلىرىنى، يات ئەللىكلەرنىڭ خەۋپلىرىنى، شەھەرنىڭ خەۋپىنى، باياۋاننىڭ خەۋپلىرىنى، دېڭىزنىڭ خەۋپلىرىنى، ساختا قېرىنداشلار ئارىسىدىكى خەۋپلىرىنى باشتىن كەچۈردۈم» («2كور.» 26:11). دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوقكى، ئۇ روسۇل بىلەن ئاتا-بالىدەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇنداق قىيىنچىلىقلارنى خۇشاللىق بىلەن تەڭ تارتاتتى. پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، تىموتىي «روسۇل» دەپ ھېسابلانمىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ تەلىم بەرگۈچى بولۇپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلىگەن ۋە بەلكىم بېشارەت بېرىش ئىلتىپاتى ئۇنىڭدىمۇ بەزى چاغلاردا پەيدا بولغان.

بەزى ئەھۋاللاردا پاۋلۇس ئۇنىڭغا ئالاھىدە ۋەزىپە تاپشۇرۇپ باشقا يەرگە ئەۋەتەتتى. ئۇشبۇ خەتنى يازغان ۋاقىتتا شۇنداق بولدى. پاۋلۇس بىرىنچى قېتىم زىنداندىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن تىموتىي بىلەن ئاسىيادا جامائەتلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان، دەپ قارايمىز. ۋاقىت بەلكىم مىلادىيە 64-يىلى ئىدى. پاۋلۇس بىلەن تىموتىي ئەفەسۇس شەھىرىگە كەلگەندە جامائەتتە بېرىلىۋاتقان تەلىملەردە ناتوغرا ۋەزىيەتلەرنى بايقىغان، پاۋلۇسنىڭ باشقا يەرلەردە جىددىي ئىشلىرى بولغاچقا، تىموتىينى مۇشۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، جامائەتنى ئەسلىدە ياخشى تۇتۇۋاتقان ھەقىقەتلەردە قايتىدىن مۇستەھكەملەش ھەمدە جامائەت ئۈچۈن يېڭى ئاقساقاللار ۋە خىزمەتكارلارنى تاللاپ تىكلەش ئۈچۈن ئەفەسۇستا قالدۇرغانىدى (3-بابنى كۆرۈڭ). «يېڭى ئاقساقاللارنى تىكلەش» دېگەن شۇ ۋەزىپىنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقىغا قارىغاندا، ئەفەسۇستىكى جامائەتنى تېخىچە كېڭىيىۋاتقان، دېگەن خۇلاسىگە كەلسەك ئارتۇق بولماس؛ چۈنكى ئۇلاردا ئاللىقاچان بىرنەچچە ئاقساقاللار بار ئىدى (پاۋلۇسنىڭ «روس.» 17:20-38دە خاتىرىلەنگەن، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشىنى كۆرۈڭ). پاۋلۇس ئەسلىدە ئەفەسۇستا ئىككى يىل تۇرغان مەزگىلدە ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ سانى، شۈبھىسىزكى، نەچچە مىڭغا يەتكەنىدى («روس.» 1:19-14بى كۆرۈڭ). شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنداق كۆپ ئادەملەر بىر جامائەت سورۇنىدا تەڭ يىغىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ 1-ئەسىردىن 3-ئەسىرگىچە جامائەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق «ئىبادەتخانا» ياكى « يىغىلىشخانا»سى يوق ئىدى؛ ئۇلار ئۆيمۇ-ئۆي يىغىلاتتى (شۇ ھالدا يىغىلىشنى جامائەت ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق يىغىلىش ئۇسۇلى، دەپ قارايمىز) ۋە بەلكىم گاھىدا بىر مەكتەپ زالىدا («روس.» 9:19

يىغلاتتى. پەرزىمىزچە ئەفەسۇستىكى جامائەتنىڭ 20ـ30 سورۇندا يىغلىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئەمما بۇلار يەنىلا بىر جامائەت، يەنى «ئەفەسۇستا تۇرۇۋاتقان جامائەت» دەپ ھېسابلىناتتى («روس.» 20:17، 28). ئۇلارنىڭ نەچچە ئاقساقاللىرى بۇ ئىبادەت سورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەسئۇل ئىدى.

ئەفەسۇستىكى جامائەت ئاسىيادىكى جامائەتلەرگە زور ئىلھامىي كۈچ ۋە «يېتەكچى چىراغ» بولدى؛ ئەفەسۇس شەھىرى «كىچىك ئاسىيا» (ھازىرقى تۈركىيە)دىكى ئەڭ چوڭ ۋە مۇھىم شەھەر بولۇپ، نوپۇسى تەخمىنەن ئۈچ يۈز مىڭ ئىدى. شەھەردە رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ رايونلۇق «مەمۇرىي مەركەز»ى تەسىس قىلىنغان؛ بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ بۇتخانا بار ئىدى. جامائەت بۇ يەردىكى كۈچلۈك بۇتپەرەسلىكتىن چىققان مەسىلىلەرگە ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتتىن بولغان قارشىلىققا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا ئۆزلىرى كۈچىيىپ ئۆسكەنىدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى توغرۇلۇق بىر كرىزىس پەيدا بولدى؛ شۇ ۋاقىتلاردا جامائەت كۆپ ئۇچرىغان مەسىلىلەرگە ئوخشاش، بۇ كرىزىسمۇ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇننى توغرا چۈشىنىشكە باغلىق ئىدى. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق بىز يەنە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز. ئۇلارنى كرىزىستىن ئۆتۈشكە مەدەت بېرىش، ئۇلارنىڭ باشقا ئەتراپىدىكى جامائەتلەرگە داۋاملىق «يېتەكچى چىراغ» بولۇشى ئۈچۈن پاۋلۇس تىموتىينى شۇ يەردە قالدۇردى. پاۋلۇس ئۇشبۇ خەتنى شۇ ۋەزىپىنى ئېنىقلاش، ئۇنى ئورۇنلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، ئۇنىڭ تىموتىيغا ئۆز ھوقۇقىنى تاپشۇرغانلىقىنى جامائەت كۆرسۇن، تىموتىيغا مۇشۇ ئىشلاردا توسقۇنلۇق قىلمىسۇن، ئەكسىچە ئۇنى قوللىسۇن دېگەن مەقسەتتە يازغان. شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس چوقۇم بۇ خەتنى ئەفەسۇستىكى جامائەتنىڭمۇ ئوقۇشى ئۈچۈن يازغان! بۇنىڭدا يەنە بىر مەقسىتى بار، جامائەت تىموتىينىڭ ۋەزىپىسى توغرۇلۇق تولۇق خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئۇلار تىموتىيدىن بۇنى تولۇق ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. خەتنىڭ مەقسىتىنى ئۇنىڭدىكى ئىككى ئايەت بىلەن يەكۈنلەشكە بولىدۇ: —

«مەن گەرچە پات ئارىدا يېنىڭغا يېتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلساممۇ، يەنىلا بۇ خەتنى يازدىم؛ مۇبادا مەن ھايال بولۇپ قالسام، خەتتىن خۇدانىڭ ئائىلىسى ئارىسىدا ئۆزۈڭنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلىسەن. بۇ

ئائىلە بولسا مەڭگۈ هايات خۇدانىڭ جامائىتى، ھەقىقەتنىڭ تۈۋرۈكى ۋە تەگلىكىدۇر» (15:3).

بۈگۈنكى كۈندە خۇدانىڭ دانالىقىدا قوللىرىمىزدا ئىنجىلدا شۇنداق بىر خەتنىڭ (ھەمدە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان «تىتۇسقا») بارلىقىغا مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ؛ چۈنكى بىز ئۇنىڭدىن جامائەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى ھەم جامائەتلەرگە مەسئۇل بولغانلار ئۆزلىرىنى خۇدا ئالدىدا قانداق تۇتۇشى كېرەكلىكى توغرۇلۇق ئۆگىنىمىز (يۇقىرىقى ئايەتنى كۆرۈڭ). بىز بۇ توغرۇلۇق ۋە باشقا بەزى قىزىق يەرلىرى ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

يەنە بىر ئىش، پاۋلۇس تىموتىينىڭ مۇقەددەس روھتىن ئالاھىدە بىر روھىي ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ (بۇ ئىلتىپاتلار توغرۇلۇق «1كور.» 12-14-بابلارنى كۆرۈڭ). پاۋلۇس بۇ خېتىدە بىزگە بۇ ئىلتىپاتنىڭ دەل نېمە ئىكەنلىكىنى دېمەيدۇ، ئەمما شۇ ئىلتىپاتنى خۇش خەۋەرنى ئىشەنمىگەنلەرگە جاكارلاپ يەتكۈزۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بار ئىدى، دەپ قارايمىز («2تىم» 5:4نى كۆرۈڭ). پاۋلۇسنىڭ تىموتىينى رىغبەتلەندۈرىدىغان سۆزلىرىدىن قارىغاندا، تىموتىي ئۆزى ئىنتايىن يۇۋاش، جىمغۇر («2تىم» 1:7-8، 1:2) ۋە تېنى ئاجىز، ئاغرىقچان ياش ئادەم ئىدى (23:4). خۇدانىڭ تىموتىيدەك شۇنداق ئاجىز بىر بەندىنى جامائەتنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭ خۇش خەۋىرىنى جاكارلاشتەك بۈيۈك، شەرەپلىك ۋەزىپىلەرگە تاللىۋالغانلىقىدىن ھەممىمىز تەسەللىي-رىغبەت ئالساق بولىدۇ. خۇدا بىز ئارقىلىق ئۆز ئىشلىرىنى قىلغىنىدا ئۆزىمىزنىڭ چەكلىك تالانت ۋە قابىلىيەتلىرىمىز بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئەكسىچە ئاجىزلىقىمىز ۋە چەكلىكلىكىمىز دائىم ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى دەل كۆرسىتىشكە پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ («2كور.» 1:25-30، «2كور.» 7:12-10، 4:13).

## مەزمۇنلار: -

1. سالام (1:1-2)
2. ناتوغرا تەلىملەرگە رەددىيە بېرىش (1:3-20)
3. دۇئا قىلىش ۋە ئىبادەت تەرتىپى (2-باب)
4. يېتەكچىلەر ۋە خىزمەتكارلارغا قويۇلغان تەلەپلەر (3-باب)
5. تىموتىينىڭ ۋە ئېتىقادچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى (4-6-بابلار)

# تىموتىيغا «1»

## روسۇل پاۋلۇس تىموتىيغا يازغان بىرىنچى مەكتۇپ

### سالام

1 [1]قۇتقۇزغۇچىمىز خۇدانىڭ ۋە ئۈمىدىمىز مەسىھ ئەيسانىڭ
ئەمرى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ روسۇلى قىلىپ تەيىنلەنگەن
مەنكى پاۋلۇستىن [2]ئېتىقاد يولىدىكى ئۆزۈمنىڭ سادىق ئوغلۇم
بولغان تىموتىيغا سالام. خۇدائاتىمىز ۋە رەببىمىز مەسىھ
ئەيسادىن ساڭا مېھىر-شەپقەت، رەھىمدىللىق ۋە خاتىرجەملىك
بولغاي!

### ساختا تەلىملەرنى توسۇش

[3]ماكېدونىيە ئۆلكىسىگە بارغاندا، سەندىن ئۆتۈنگىنىمدەك
شۇنى يەنە ئۆتۈنىمەنكى، شۇ يەردىكى بەزى كىشىلەرگە بىدئەت
تەلىملەرنى ئۆگەتمەسلىكى دەپ تاپىلىشىڭ ئۈچۈن سەن داۋاملىق
ئەفەسۇس شەھىرىدە قالغىن؛ [4]ئۇلارنىڭ ئەپسانىلەر ۋە ئايىغى
يوق نەسەبنامىلەرگە بەند بولماسلىقىنى تاپىلىغىن؛ بۇلار
خۇدانىڭ ئېتىقادقا ئاساسلانغان پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئۆز ئۆيىگە
بولغان پىلانىنى ئىلگىرى سۈرمەيدۇ، بەلكى پەقەت بىمەنە تالاش-

---

**1:1** روس. 15:9؛ كول. 27:1.

**2:1** روس. 1:16؛ 1كور. 17:4؛ گال. 3:1؛ 1تېس. 2:3؛ 1پېت. 2:1.

**3:1** روس. 1:20.

**تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس.**
**[5] ئەمدىلىكتە بىزگە تاپىلانغان تەلىمنىڭ مۇددىئاسى ساپ قەلب،**
**پاك ۋىجدان ۋە ساختىلىقسىز ئېتىقادتىن كېلىپ چىقىدىغان**
**مېھىر-مۇھەببەتتىن ئىبارەتتۇر. [6] بۇ ئىشلاردا بەزى كىشىلەر**
**چەتنەپ، بىمەنە گەپلەرنى قىلىشقا بۇرۇلۇپ كەتتى. [7] ئۇلارنىڭ**
**تەۋرات قانۇنىنىڭ ئۆلىماسى بولغۇسى بار؛ بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ**
**نېمە دەۋاتقانلىقىنى ياكى ئۆزلىرىنىڭ ھەدەپ قەيت قىلىۋاتقان**
**سۆزلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.**
**[8] ئەمدى بىزگە مەلۇمكى، ئەگەر كىشىلەر تەۋرات قانۇنىنى ئەينى**
**مۇددىئاسىدا قوللانسا، ئۇ پايدىلىقتۇر. [9] چۈنكى بىز يەنە شۇنى**
**بىلىمىزكى، تەۋرات قانۇنى ھەققانىي ئادەملەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن**
**ئەمەس، بەلكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە بوينى قاتتىقلار**
**ئۈچۈن، ئىخلاسسىزلار ۋە گۇناھكارلار ئۈچۈن، ئىپلاسلار ۋە كۇپۇرلۇق**
**قىلغۇچىلار ئۈچۈن، ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ۋە ئانىسىنى**
**ئۆلتۈرگۈچىلەر ئۈچۈن، قاتىللار، [10] بۇزۇقلۇق قىلغۇچىلار،**
**بەچچىۋازلار، ئادەملەرنى قۇللۇققا بۇلىغۇچىلار، يالغانچىلار،**
**قەسەمخورلار ئۈچۈن ۋە ياكى ساغلام تەلىملەرگە زىت بولغان باشقا**
**ھەرقانداق قىلمىشلاردا بولغانلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن. [11] بۇ تەلىملەر**

---

4:1 **«ئايىغى يوق نەسەبنامىلەر»** ــ يەھۇدىي خەلقى ھەردائىم ئۆزىنىڭ تەۋراتتىكى مەلۇم ئۇلۇغ «روھىي ئەرباب»نىڭ ئەۋلادى، گېرېكلەر بولسا ھەردائىم ئۆزىنىڭ «ئىلاھىي ئادەم»نىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى. **«بۇلار خۇدانىڭ ئېتىقاد ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئۆز ئۆيىگە بولغان پىلانىنى ئىلگىرى سۈرمەيدۇ»** ــ «(خۇدانىڭ)... ئۆز ئۆيىگە بولغان (نىجاتلىق) پىلانى» گرېك تىلىدا «خۇدانىڭ ئۆيىدىكى قانۇن-ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ

**4:1** 1تىم. 7:4؛ 4:6، 20؛ 2تىم. 16:2؛ تىت. 14:1؛ 9:3.

**5:1** رىم. 8:13؛ گال. 14:5.

8:1 **«ئەگەر كىشىلەر تەۋرات قانۇنىنى ئەينى مۇددىئاسىدا قوللانسا، ئۇ پايدىلىقتۇر»** ــ «ئەينى مۇددىئاسىدا» گرېك تىلىدا «قانۇنلۇق يولدا قوللانسا».

**8:1** رىم. 12:7.

**9:1** گال. 23:5.

10:1 **«تەۋرات قانۇنى... ساغلام تەلىملەرگە زىت بولغان باشقا ھەرقانداق قىلمىشلاردا**

تەشەككۇر-مۇبارەككە لايىق بولغۇچى خۇدانىڭ ماڭا ئامانەت قىلغان شان-شەرىپىنى ئايان قىلغان خۇش خەۋەرگە ئاساسلانغان.

## پاۋلۇس ئۆزى خۇدانىڭ رەھىمدىللىكىنى كۆرسەتكۈچى جانلىق مىسالدۇر

[12] ماڭا كۈچ-قۇدرەت بەرگەن، مېنى ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، ئۆز
خىزمىتىگە تەيىنلىگەن رەببىمىز مەسىھ ئەيساغا تەشەككۇر
ئېيتىمەنكى، [13] ئۇ مېنى تەيىنلىدى! — بۇرۇن كۇپۇرلۇق ۋە
زىيانكەشلىك قىلغۇچى، زالىم بىر ئادەم بولساممۇ، ماڭا
رەھىم كۆرسىتىلدى؛ چۈنكى مەن بۇ ئىشلارنى نادانلىق ۋە
ئېتىقادسىزلىقتىن قىلغانىدىم. [14] ھالبۇكى، رەببىمىزنىڭ ماڭا
كۆرسەتكەن مېھىر-شەپقىتى زىيادىلىشىپ، مەسىھ ئەيسادا بولغان
ئېتىقاد ۋە مېھىر-مۇھەببەت ۋۇجۇدۇمغا ئېلىپ كىرىلىشى بىلەن
ئېشىپ تاشتى. [15-16] مۇشۇ سۆز ئىشەنچلىك ۋە ھەر ئادەم ئۇنى قوبۇل
قىلىشى تېگىشلىكتۇر — «مەسىھ ئەيسا گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش

---

**بولغانلار ئۈچۈن تۇزۇلگەن»** — «ساغلام تەلىم» — بۇ پاۋلۇسنىڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئىبارىسى. خۇدادىن كەلگەن تەلىم ئۇنى قوبۇل قىلغانلاردا ساغلام روھىي ھاياتنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ.

11:1 **«بۇ تەلىملەر تەشەككۇر-مۇبارەككە لايىق بولغۇچى خۇدانىڭ ماڭا ئامانەت قىلغان شان-شەرىپىنى ئايان قىلغان خۇش خەۋەرگە ئاساسلانغان»** — «بۇ تەلىملەر» («ساغلام تەلىم») تەۋرات قانۇنىنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى، ئۇنىڭ «ئۆز مۇددىئاسىدا قوللىنىدىغان» ياكى «قانۇنلۇق يولدا قوللىنىلىدىغان» مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (8-ئايەت).

**11:1** 1تېس. 2:4؛ 1تىم. 6:15.

13:1 **«ئۇ مېنى تەيىنلىدى! — بۇرۇن كۇپۇرلۇق ۋە زىيانكەشلىك قىلغۇچى، زالىم بىر ئادەم بولساممۇ...»** — «كۇپۇرلۇق قىلغۇچى» — ئۇنىڭ كۇپۇرلۇقى بىۋاستە خۇداغا قارىتىلغان ئەمەس (چۈنكى ئۇ «ئىخلاسمەن يەھۇدىي» ئىدى)، بەلكى خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى مەسىھكە ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە قارىتىلغان. «زىيانكەشلىك قىلغۇچى» — مەسىھكە ئەگەشكەنلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچى. **«چۈنكى مەن بۇ ئىشلارنى نادانلىق ۋە ئېتىقادسىزلىقتىن قىلغانىدىم»** — «ئېتىقادسىزلىق» خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھدە بولغان نىجات يولىغا بولغان ئېتىقادسىزلىقتۇر.

**13:1** يـۇھ. 9:39، 41؛ روس. 3:17؛ 8:3؛ 9:1؛ 22:4؛ 26:9؛ 1كور. 15:9؛ گال. 1:13.

ئۇچۇن دۇنياغا كەلدى!». مەن گۇناھكارلار ئىچىدىكى ئەڭ
ئەشەددىيسىدۇرمەن! لېكىن دەل شۇ سەۋەبتىن مەسىھ ئەيسانىڭ
ئەڭ ئەشەددىي گۇناھكار بولغان مېنى، كېيىن ئۆزىگە ئېتىقاد
قىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدىغانلارغا مىسال قىلىپ مەندە
ئۆزىنىڭ بارلىق سەۋر-تاقىتىنى ئايان قىلىشى ئۈچۈن، ماڭا رەھىم-
شەپقەت كۆرسىتىلگەندۇر. [17] ئەمدى مەڭگۈلۈك پادىشاھقا، يەنى
ئۆلمەيدىغان ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، بىردىنبىر خۇداغا
ئەبەدىلئەبەدگىچە ھۆرمەت-ئىززەت ۋە شان-شەرەپ بولغاي! ئامىن!
[19-18] ئەي، ئوغلۇم تىموتىي، بۇرۇن سەن توغرۇلۇق ئېيتىلغان بېشارەتلىك
ۋەھىيلەرگە ئاساسەن بۇ بۇيرۇقنى ساڭا تاپشۇرىمەن. بۇ ۋەھىيلەرنى
قورال قىلىپ، ئېتىقادتا ۋە پاك ۋىجدانىڭدا چىڭ تۇرۇپ، گۈزەل
ئۇرۇش قىلغايسەن. بەزىلەر ۋىجدانىدا پاك تۇرۇشتىن چەتنەپ كەتتى،
نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى خۇددى خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ غەرق بولغان
كېمىدەك ۋەيران بولدى. [20] خۇمېنېئۇس ۋە ئىسكەندەرلەر مانا شۇنداق

---

16-15:1 **«مۇشۇ سۆز ئىشەنچلىك ۋە ھەر ئادەم ئۇنى قوبۇل قىلىشى تېگىشلىكتۇر — «مەسىھ ئەيسا گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى!». مەن گۇناھكارلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەشەددىيسىدۇرمەن! لېكىن دەل شۇ سەۋەبتىن مەسىھ ئەيسانىڭ ئەڭ ئەشەددىي گۇناھكار بولغان مېنى، كېيىن ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدىغانلارغا مىسال قىلىپ مەندە ئۆزىنىڭ بارلىق سەۋر-تاقىتىنى ئايان قىلىشى ئۈچۈن، ماڭا رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىلگەندۇر»** — بۇ زور ئەھمىيەتلىك ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**16-15:1** مات. 13:9؛ مار. 17:2؛ لۇقا 32:5؛ 10:19؛ 1يۇھ. 5:3.

17:1 **«مەڭگۈلۈك پادىشاھ»** — گرېك تىلىدا «بارلىق زامانلارنىڭ پادىشاھى». **«بىردىنبىر خۇداغا ئەبەدىلئەبەدگىچە ... شان-شەرەپ بولغاي!»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «بىردىنبىر دانا خۇداغا ئەبەدىلئەبەدگىچە ... شان-شەرەپ بولغاي!» دېيىلىدۇ.

19-18:1 **«بۇ ۋەھىيلەرنى قورال قىلىپ، ئېتىقادتا ۋە پاك ۋىجدانىڭدا چىڭ تۇرۇپ، گۈزەل ئۇرۇش قىلغايسەن»** — «گۈزەل ئۇرۇش قىلغايسەن» — ئەت ئىگىلىرى بىلەن ئەمەس، ئەلۋەتتە، روھىي كۈرەشتۇر. كېيىنكى 12:6-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «گۈزەل كۈرەش»نى ۋە ئۇ توغرىسىدىكى «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ.

**19-18:1** 1تىم. 12:6؛ 1تىم. 9:3.

كىشىلەردىندۇر. ئۇلارنى كۈپۈرلۈق قىلماسلىقنى ئۆگەنسۇن دەپ، شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇردۇم.

## جامائەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى

2 [1] مەن ھەممىدىن ئاۋۋال، ئېتىقادچىلارغا پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن
خۇدادىن تىلەكلەر تىلىشىنى، دۇئا-تىلاۋەت قىلىشىنى، باشقىلار
ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىشىنى ۋە تەشەككۈرلەر ئېيتىشىنى، [2] بولۇپمۇ
پادىشاھلار ۋە بارلىق ئەمەلدارلار ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىشىنى
جېكىلەيمەن. شۇنداق قىلغاندا، بىز تولۇق ئىخلاسمەنلىك ۋە
سالماقلىق بىلەن تىنچ ۋە ئامان-ئېسەن ھايات كەچۈرەلەيمىز.
[3] بۇنداق دۇئا-تىلاۋەت قىلىش گۈزەل ئىشتۇر، قۇتقۇزغۇچىمىز خۇدانى
خۇرسەن قىلىدۇ. [4] چۈنكى ئۇ پۈتكۈل ئىنساننىڭ قۇتقۇزۇلۇشى ۋە
ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشىنى خالايدۇ. [5] چۈنكى بىرلا خۇدا
باردۇر، خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا بىر كېلىشتۈرگۈچىمۇ بار، ئۇ
بولسىمۇ ئۆزى ئىنسان بولۇپ كەلگەن مەسىھ ئەيسادۇر. [6] ئۇ بارلىق
ئىنسانلارنى ھۆر قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ بەدەل تۆلىدى؛
شۇنداق قىلىپ بېكىتىلگەن ۋاقىت-سائىتىدە خۇدانىڭ نىجاتىغا

20:1 **«ئۇلارنى كۈپۈرلۈق قىلماسلىقنى ئۆگەنسۇن دەپ، شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇردۇم»** ــ «شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلۇش» بولسا، ئېتىقاد يولىدىن خېلىلا چەتنىگەن كىشىلەرنى ئۆز گۇناھلىرىنى تونۇسۇن دەپ، جامائەت ئىشلەتسە بولىدىغان ئېغىر بىر تەدبىردۇر. ئۇنىڭدا شۇنداق كىشىلەر جامائەتتىكى باردى-كەلدىدىن چىقىرىلىپلا قالماي، بەلكىم كېسەل بولۇپ قېلىشى ياكى بالايىئاپەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن. بۇ ئىش توغرۇلۇق يەنە «1كور.» 5-باب، ئىزاھاتلىرى ۋە شۇ مەكتۇپتىكى «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ.

**20:1** 1كور. 5:5؛ 2تىم. 17:2؛ 14:4.

**2:2** يەر. 7:29.

**4:2** ئەز. 23:18؛ 2پېت. 9:3.

5:2 **«چۈنكى بىرلا خۇدا باردۇر»** ــ ياكى «چۈنكى خۇدا بىردۇر» ــ «قان.» 4:6 («پەرۋەردىگار خۇدايىمىز، پەرۋەردىگار بىر بىرلىكتۇر») ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**5:2** يـۇھ. 3:17؛ رىم. 30:3؛ گال. 19:3؛ ئىبر. 15:9.

گۇۋاھلىق بېرىلدى. [7] مەن بۇ گۇۋاھلىقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن جاكارچى ۋە روسۇل بولۇشقا تەيىنلىنىپ (مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، مەن يالغان گەپ قىلمىدىم)، يات ئەللىكلەرگە ئېتىقاد ۋە ھەقىقەت يولىدا ئۆگەتكۈچى بولۇپ تىكلەندىم. [8] شۇڭا، مەن شۇنى خالايمەنكى، ئەرلەر قەيەردە بولسۇن، دۇئاغا جەم بولغاندا غەزەپسىز ۋە دەتالاشسىز ھالدا، ھالال ئەمەللىك قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسۇن.

[9] ئوخشاش يولدا ئاياللارمۇ مۇۋاپىق كىيىنىپ، ئۆزلىرىنى ئار-نومۇس ۋە سالماقلىق بىلەن پەرداز قىلسۇن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى پەردازلاش، چاچلىرىنى ئالاھىدە ياساش ۋە ئالتۇن، ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە ئېسىل قىممەت كىيىم-كېچەكلەر بىلەن ئەمەس، [10] بەلكى گۈزەل ئەمەللىرى بىلەن پەردازلىشىنى خالايمەن. بۇ، خۇدا يولىدا تەقۋادار بولاي دېگەن ئاياللارغا يارىشىدۇ. [11] جامائەت سورۇنلىرىدا، ئاياللار تىنچ ئولتۇرۇپ، تولۇق ئىتائەتمەنلىك بىلەن تەلىم ئالسۇن. [12] لېكىن ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە تەلىم بېرىشى ياكى ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈشىگە يول

---

6:2 **«ئۇ مەسىھ بارلىق ئىنسانلارنى ھۆر قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ بەدەل تۆلىدى»** ــ بۇ «ھۆر قىلىش» گۇناھنىڭ ۋە شەيتاننىڭ ئىلكىدىن. **«شۇنداق قىلىپ بېكىتىلگەن ۋاقىت-سائىتىدە خۇدانىڭ نىجاتىغا گۇۋاھلىق بېرىلدى»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بۇ ئۇلۇغ ئىشقا (يەنى مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى) بېكىتىلگەن ۋاقتى-سائىتىدە گۇۋاھلىق بېرىلدى». لېكىن بىزنىڭچە ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۆزى شۇ «گۇۋاھلىق»تۇر ــ دېمەك، ئەيسانىڭ قۇربانلىقى خۇدانىڭ چەكسىز مۇھەببەت ۋە نىجاتلىق پىلانى توغرۇلۇق بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئاشكارىلاندى.

**6:2** مات. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ كول. 14:1.

**7:2** روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ رىم. 9:1؛ 1:9؛ گال. 16:1؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 2تىم. 11:1.

**8:2** زەب. 134:1-2؛ يۇھ. 21:4.

**9:2** تىت. 3:2؛ 1پېت. 3:3.

11:2 **«جامائەت سورۇنلىرىدا، ئاياللار تىنچ ئولتۇرۇپ، تولۇق ئىتائەتمەنلىك بىلەن تەلىم ئالسۇن»** ــ يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىلىرى بويىچە ئايال كىشىلەر خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئۆگەنمەسلىك كېرەك ئىدى، شۇڭا روسۇلنىڭ بۇ سۆزى چوڭ بىر يېڭىلىق ئىدى.

قويمايمەن. ئەكسىچە، ئۇلار تىنچ بولسۇن. [13] چۈنكى ئاۋۋال ئادەمئاتا، كېيىن ھاۋائانا يارىتىلغان. [14] ئاۋۋال ئالدىنىپ ئازدۇرۇلغانمۇ ئادەمئاتا ئەمەس، بەلكى ھاۋائانا ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئالدانغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكىگە چۈشۈپ قالغانىدى. [15] لېكىن ئاياللار ئېتىقادتا، مېھىر-مۇھەببەت ۋە پاك-مۇقەددەسلىكتە سالماقلىق بىلەن تۇرىدىغانلا بولسا، ئۇلار تۇغۇتتا ساق-سالامەت قۇتۇلىدۇ.

## جامائەتنىڭ يېتەكچىلىرى

3 [1] «ئەگەر بىرسى جامائەتكە يېتەكچى بولۇشقا ئىنتىلسە، ئۇ گۈزەل بىر ۋەزىپىنى ئارزۇ قىلغان بولىدۇ» دېگەن بۇ سۆز ھەقتۇر.

---

12:2 **«لېكىن ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە تەلىم بېرىشى ياكى ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈشىگە يول قويمايمەن»** — بۇ تەلىم توغرۇلۇق، شۇنداقلا ئاچا-سىڭىللارغا ئاتا قىلىنغان ئىلتىپاتلار توغرۇلۇق «1كور.» 14:34-35 ۋە «كورىنتلىقلار (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

12:2 يار. 16:3؛ 1كور. 14:34؛ ئەف. 24:5.

13:2 يار. 27:1؛ 22:2.

14:2 يار. 6:3.

15:2 **«لېكىن ئاياللار ئېتىقادتا، مېھىر-مۇھەببەت ۋە پاك-مۇقەددەسلىكتە سالماقلىق بىلەن تۇرىدىغانلا بولسا، ئۇلار تۇغۇتتا ساق-سالامەت قۇتۇلىدۇ»** — دېمەك، «ئاياللار خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن تۇغۇتى قىيىن ۋە خەتەرلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ».

—بۇ 14-15-ئايەتنى: «ئاياللار ئەرلەرگە تەلىم بېرىش، ئەرلەر ئۈستىگە ھۆكۈم سۈرۈشتە ئەمەس، بەلكى بالا تۇغۇش ۋە ئۇنى بېقىش جەريانىدا، ئېتىقاد ئارقىلىق ئېرىشىدىغان قۇتقۇزۇلۇشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ» دېگەن باشقا بىر مەنىدە چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. ئايەتنىڭ: «بىراق ئاياللار ھاۋائانىنىڭ نەسلىدىن تۇغۇلغان ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلىدۇ» دېگەن يەنە بىر چۈشەنچىسى ئەينى تېكىستكە ئانچە يېقىن كەلمەيدۇ، دەپ قارايمىز.

1:3 **«ئەگەر بىرسى جامائەتكە يېتەكچى بولۇشقا ئىنتىلسە، ئۇ گۈزەل بىر ۋەزىپىنى ئارزۇ قىلغان بولىدۇ»** — «يېتەكچى»لەر توغرۇلۇق «فىلىپپىلىقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»، «يېتەكچىلەر ۋە خىزمەتكارلار» دېگەن سۆزلىرىمىزنى كۆرۈڭ. «ئاقساقال» ۋە «يېتەكچى» ئەمەلىيەتتە بىر گەپتۇر.

[2] ئەمدى يېتەكچى بولسا ئەيىبسىز، بىر خوتۇنلۇق، سالماق، پەملىك،
ئەدەپلىك، مېھماندوست، خۇدا توغرىسىدا تەلىم بېرەلەيدىغان
بولۇشى، [3] شۇنداقلا ھاراقكەش ۋە زوراۋان بولماسلىقى، مۇلايىم
بولۇشى، سەپرا، نەپسانىيەتچى بولماسلىقى، [4] ئۆز ئائىلىسىنى ياخشى
باشقۇرالايدىغان بولۇشى، تولىمۇ سالاپەتلىك بىلەن پەرزەنتلىرىنى
ئاتا-ئانىسىغا بويسۇندىغان قىلىپ تەربىيىلىيەلەيدىغان كىشى
بولۇشى كېرەك. [5] چۈنكى بىرسى ئۆز ئائىلىسىنى باشقۇرۇشنى
بىلمىسە، ئۇ خۇدانىڭ جامائىتىدىن قانداقمۇ خەۋەر ئالالىسۇن؟
[6] يېتەكچى يېڭى ئېتىقادچىلاردىن بولمىسۇن؛ ئۇنداق بولسا،
ئۇ تەكەببۇرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك شەيتانىنىڭ
ئەيىبىگە كىرىپ، ئۇ ئۇچرىغان ھۆكۈمگە چۈشىدۇ. [7] ئۇ جامائەتنىڭ

---

2:3 **«ئەمدى يېتەكچى بولسا ئەيىبسىز، بىر خوتۇنلۇق، سالماق، پەملىك، ئەدەپلىك، مېھماندوست، خۇدا توغرىسىدا تەلىم بېرەلەيدىغان بولۇشى... كېرەك»** — «بىر خوتۇنلۇق»، بەلكىم «ئۆز ئايالىغا سادىق» دېگەن مەنىدە. بۇنىڭ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**2:3** 2تىم. 2:24؛ تىت. 1:6.

3:3 **«... شۇنداقلا ھاراقكەش ۋە زوراۋان بولماسلىقى، مۇلايىم بولۇشى، سەپرا، نەپسانىيەتچى بولماسلىقى... كېرەك»** — «نەپسانىيەتچى» گرېك تىلىدا «ئۆزىنى بۇلغايدىغان نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلگەن» دېگەن بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزگە قارىغاندا، پۇل ۋە مال-دۇنيانى قوغلىشىش ئىنساننى ھارام قىلىپ بۇلغايدۇ. بۇ تېما توغرىسىدا يەنە «لۇقا» 9:16-11 ۋە شۇ ئايەتلەردىكى ئىزاھاتلارنى ۋە «لۇقا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىكى 16-باب توغرۇلۇق «ناھەق دۇنياغا تەۋە بولغان مال-دۇنيا» دېگەن مەزمۇننى كۆرۈڭ.

4:3 **«ئۆز ئائىلىسىنى ياخشى باشقۇرالايدىغان بولۇشى، تولىمۇ سالاپەتلىك بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئاتا-ئانىسىغا بويسۇندىغان قىلىپ تەربىيىلىيەلەيدىغان كىشى بولۇشى كېرەك»** — «تولىمۇ سالاپەتلىك بىلەن... تەربىيىلىيەلەيدىغان» دېگەنلىك ئىبارە تېرىكمەي باللىرىنى تەربىيىلەيدىغانلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئاتا-ئانىسىغا تولۇق ھۆرمەت بىلەن بويسۇندىغان قىلىپ تەربىيىلىيەلەيدىغان كىشى بولۇشى كېرەك».

6:3 **«يېتەكچى يېڭى ئېتىقادچىلاردىن بولمىسۇن؛ ئۇنداق بولسا، ئۇ تەكەببۇرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك شەيتانىنىڭ ئەيىبىگە كىرىپ، ئۇ ئۇچرىغان ھۆكۈمگە چۈشىدۇ»** — «شەيتانىنىڭ ئەيىبىگە كىرىش» بەلكىم شەيتانىنىڭ ئەسلىدىكى گۇناھى،

سىرتىدىكىلەر تەرىپىدىنمۇ ئوبدان تەرىپلىنىدىغان بولۇشى كېرەك؛ شۇنداق بولغاندا، ئۇ باشقىلارنىڭ قارىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ، شەيتاننىڭ قىلتىقىغا چۈشمەيدۇ.

## جامائەتنىڭ خىزمەتكارلىرى

[8]خۇددى يېتەكچىلەرگە ئوخشاش، جامائەتنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ سالماق، ئىككى خىل گەپ قىلمايدىغان، هاراق-شارابقا بېرىلمەيدىغان، نەپسانىيەتچى بولمىغان كىشىلەردىن بولۇشى، [9]پاك ۋىجدانى بىلەن ئېتىقادنىڭ سىرىنى چىڭ تۇتىدىغان بولۇشى لازىم. [10]بۇنداق ئادەملەرنىمۇ ئالدى بىلەن سىناپ كۆرۈپ، ئەيىب تەرەپلىرى بولمىسا، ئاندىن خىزمەت ۋەزىپىسىگە قويۇشقا بولىدۇ.

---

يەنى تەكەببۇرلىشىپ كەتكىنىنى (شۇنداقلا خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۇچرايدىغانلىقىنى) كۆرسىتىدۇ.

3:7 **«ئۇ جامائەتنىڭ سىرتىدىكىلەر تەرىپىدىنمۇ ئوبدان تەرىپلىنىدىغان بولۇشى كېرەك؛ شۇنداق بولغاندا، ئۇ باشقىلارنىڭ قارىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ، شەيتاننىڭ قىلتىقىغا چۈشمەيدۇ»** — «شەيتاننىڭ قىلتىقى» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ يېتەكچىلەردە ئەيىبلىنەرلىك يېرى بولسا (ھەتتا يوشۇرۇن بولسىمۇ) «سىرتتىكىلەر» ئۇنى ئەيىبلەيدىغان بولسا ئۇ بەلكىم ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن ياكى ئىشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئۇ دەرھال شەيتاننىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. جامائەتتىكىلەر تەرىپىدىنمۇ ئوبدان «تەرىپلىنىشى» كېرەك، ئەلۋەتتە

3:8 **«خۇددى يېتەكچىلەرگە ئوخشاش، جامائەتنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ سالماق، ئىككى خىل گەپ قىلمايدىغان ... كىشىلەردىن بولۇشى... كېرەك»** — خىزمەتكارلار جامائەتنىڭ يېتەكچىلىرىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل ئەمەلىي ئىشلارغا مەسئۇل كىشىلەردۇر. يەنە «فىلىپپىلىكلەرگە»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدىكى «يېتەكچىلەر ۋە خىزمەتكارلار» دېگەن مەزمۇننى كۆرۈڭ. **«نەپسانىيەتچى بولمىغان كىشىلەردىن بولۇشى ... كېرەك»** — «نەپسانىيەتچى» — 3-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**3:8** روس. 6:3.

3:9 **«پاك ۋىجدانى بىلەن ئېتىقادنىڭ سىرىنى چىڭ تۇتىدىغان بولۇشى لازىم»** — «ئېتىقادنىڭ سىرى»: ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئىنجىلدىكى «سىرلار» بولسا خۇدا ئەسلىدە يوشۇرۇپ كەلگەن، ئىنجىل دەۋرىدە ئۇز جامائىتىگە ئاشكارىلىغان چوڭقۇر ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆزلەر»نى كۆرۈڭ.

**3:9** 1تىم. 1:19.

[11]شۇنىڭدەك، بۇ خىزمەتكارلارنىڭ ئاياللىرىمۇ تەمكىن، پىتنە-
پاسات قىلمايدىغان، سالماق ۋە ھەرقانداق ئىشتا ئىشەنچلىك
بولغانلاردىن بولۇشى لازىم. [12]خىزمەتكارلار بىر خوتۇنلۇق، ئۆز
پەرزەنتلىرى ۋە ئائىلىسىنى ياخشى باشقۇرىدىغان كىشىلەردىن
بولسۇن. [13]خىزمەتكارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئورۇنلىغانلار ئۆزى
ئۈچۈن ياخشى نام-ئاتاقتا سازاۋەر بولىدۇ ۋە مەسىھ ئەيسادا بولغان
ئېتىقادتا زور جۈرئەت-ئىشەنچكە ئېرىشىدۇ.

## مەسىھ بولغان سىر

[14]مەن گەرچە پات ئارىدا يېنىڭغا يېتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلساممۇ،
يەنىلا بۇ خەتنى يازدىم؛ مەسىھ بولغان سىر
[15]مۇبادا مەن ھايال بولۇپ قالسام، خەتتىن خۇدانىڭ ئائىلىسى
ئارىسىدا ئۆزۈڭنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلىسەن. بۇ ئائىلە
بولسا تىرىك خۇدانىڭ جامائىتى، ھەقىقەتنىڭ تۈۋرۈكى ۋە تەگلىكىد
ۇر. [16]ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇكى، ئىخلاسمەنلىكنىڭ

---

11:3 **«شۇنىڭدەك، بۇ خىزمەتكارلارنىڭ ئاياللىرىمۇ تەمكىن، ... ھەرقانداق ئىشتا ئىشەنچلىك بولغانلاردىن بولۇشى لازىم»** — «خىزمەتكارلارنىڭ ئاياللىرىمۇ» ياكى «ئايال خىزمەتكارلىرىمۇ...». «رىم.» 16:1نى كۆرۈڭ.

12:3 **«خىزمەتكارلار بىر خوتۇنلۇق، ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە ئائىلىسىنى ياخشى باشقۇرىدىغان كىشىلەردىن بولسۇن»** — «بىر خوتۇنلۇق» دېگەنلىك (ياكى «بىر ئايالنىڭلا ئېرى») بەلكىم «ئۆز ئايالىغا سادىق» دېگەن مەنىدە. بۇنىڭ توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

13:3 **«ياخشى نام-ئاتاقتا سازاۋەر بولىدۇ ۋە مەسىھ ئەيسادا بولغان ئېتىقادتا زور جۈرئەت-ئىشەنچكە ئېرىشىدۇ»** — «روس.» 6-8-بابتا بايان قىلىنغان «خىزمەتكار» بولغان ئىستىفان ۋە فىلىپ بۇنىڭغا ئىككى ئوبدان مىسالدۇر.

**13:3** مات. 21:25.

15:3 **«مۇبادا مەن ھايال بولۇپ قالسام، خەتتىن خۇدانىڭ ئائىلىسى ئارىسىدا ئۆزۈڭنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلىسەن»** — «خۇدانىڭ ئائىلىسى»: — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئىبرانىي تىلىدا ۋە گرېك تىلىدا (ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش) «ئۆي» ۋە «ئائىلە» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خۇدانىڭ «ئۆيى» ئۇنىڭ ئائىلىسى، يەنى ئۇنىڭ «تىرىك ئىبادەتخانىسى»، «تىرىك ئۆيى»دۇر. «1پېت.» 4:2-8نىمۇ كۆرۈڭ.

سىرى بۈيۈكتۇر: ــ

«ئۆزى ئىنسان تېنىدە ئايان بولدى،
روھ ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى ئىسپاتلىدى،
پەرىشتىلەرگە ئۇ كۆرۈندى،
ئۇنىڭ خەۋىرى پۈتكۈل ئەللەرگە جاكارلاندى،
جاھاندا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈلدى،
ئۇ شان-شەرەپ ئىچىدە ئەرشكە كۆتۈرۈلدى».

4 [1] ئەمدى روھ شۇنى ئالاھىدە ئېيتىدۇكى، ئاخىر زامانلاردا بەزىلەر
ئېتىقادتىن يېنىپ، ئالدامچى روھلارغا ۋە جىنلارنىڭ تەلىملىرىگە
بېرىلىپ ئەگىشىدۇ. [2] بۇنداق تەلىم بەرگۈچىلەر ساختىلىقتا
يالغانچىلىق قىلىپ، خۇددى داغماللاپ كۆيدۈرۈۋەتكەندەك ئۆز
ۋىجدانىنى يوقىتىپ قويغان؛ [3] ئۇلار نىكاھلىنىشنى ۋە بەزى

---

16:3 **«ئىخلاسمەنلىكنىڭ سىرى بۈيۈكتۇر»** ــ «ئىخلاسمەنلىكنىڭ سىرى»نىڭ ئۈچ مەنىسى بولۇشى مۇمكىن: ــ (1) ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدە ئىخلاسمەنلىكنىڭ مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈشى، بىز ئىنسانلارغا «ئىخلاسمەنلىك»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايان قىلدى؛ (2) «ئىخلاسمەنلىكنى (ئىنسانلارغا) ئېلىپ كېلىدىغان سىر»؛ (3) «ئىخلاسمەنلەرگە (خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە) تاپشۇرۇلغان سىر» ــ دېمەك، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز. بىزنىڭچە پاۋلۇسنىڭ كۆرسەتكەنلىرى يۇقىرىقى 1- ۋە 2-مەنىدە. شۈبھىسىزكى، بۇ سىر دەل ئەيسا مەسىھ ئۆزىدۇر.
ــ**«ئۆزى ئىنسان تېنىدە ئايان بولدى»** ــ بەزى قەدىمكى كۆچۈرمىلەردە «خۇدا ئىنسان تېنىدە ئايان بولدى» دېيىلىدۇ. **«ئۆزى ئىنسان تېنىدە ئايان بولدى، روھ ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى ئىسپاتلىدى...»** ــ «روھ» مۇقەددەس روھ، خۇدانىڭ روھى.
**16:3** مار. 19:16؛ لۇقا 51:9؛ يۇھ. 14:1؛ روس. 2:1؛ ئەف. 5:3، 6.
1:4 **«ئەمدى روھ شۇنى ئالاھىدە ئېيتىدۇكى،... »** ــ «روھ» ــ مۇقەددەس روھ، خۇدانىڭ روھى. **«ئالدامچى روھلارغا ۋە جىنلارنىڭ تەلىملىرىگە بېرىلىپ ئەگىشىدۇ»** ــ «ئالدامچى روھلار» ۋە «جىنلار» بىر گەپتۇر.
**1:4** مات. 23:24؛ 2تېس. 3:2؛ 2تىم. 1:3؛ 2پېت. 3:3؛ يەھ. 18.
2:4 **«... خۇددى داغماللاپ كۆيدۈرۈۋەتكەندەك ئۆز ۋىجدانىنى يوقىتىپ قويغان»** ــ

يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار
مەنئى قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى خۇدا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغان
ھەم ھەقىقەتنى بىلگەنلەرنىڭ تەشەككۇر ئېيتىپ قوبۇل قىلىشى
ئۈچۈن ياراتقانىدى. [4]چۈنكى خۇدا ياراتقان ھەممە نەرسە ياخشىدۇر،
ئۇلار تەشەككۇر بىلەن قوبۇل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى
چەكلەپ رەت قىلىشقا بولمايدۇ. [5]چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ سۆز-كالامى
ۋە ئىنسانلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ھالال قىلىنىدۇ.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ياخشى خىزمەتكارى

[6]بۇ نەسىھەتلەرنى قېرىنداشلارنىڭ سەمىگە سالساڭ، مەسىھ
ئەيسانىڭ ياخشى خىزمەتكارى بولغان بولىسەن. شۇنداقلا، ئۆزۈڭنىڭ
ئەستايىدىل ئەگەشكەن ئېتىقادىڭنى ۋە ساغلام تەلىملەردىكى
سۆزلەر بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈلگەنلىكىڭ ئايان بولىدۇ. [7]ئەمما
ئىخلاسسىزلارنىڭ ۋە موماي‌لارنىڭ ئەپسانىلىرىنى چەتكە قېقىپ،

بەزى ئالىملار بۇ سۆزنى: «شەيتان ئۇلارنىڭ ۋىجدانلىرىنى «مىنگكى» دەپ داغماللاپ قويغان» دېگەندەك چۈشىنىدۇ.

3:4 **«ئۇلار نىكاھلىنىشنى ۋە بەزى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار مەنئى قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى خۇدا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغان ھەم ھەقىقەتنى بىلگەنلەرنىڭ تەشەككۇر ئېيتىپ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ياراتقانىدى»** ــ بۇ ئايەت توغرۇلۇق بىز «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە قىسقىچە توختىلىمىز.

**3:4** يار. 1:29؛ 3:9؛ رىم. 14:6؛ 1كور. 10:30.

4:4 **«چۈنكى خۇدا ياراتقان ھەممە نەرسە ياخشىدۇر، ئۇلار تەشەككۇر بىلەن قوبۇل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەكلەپ رەت قىلىشقا بولمايدۇ»** ــ بۇ سۆز پەقەت بارلىق يېمەكلىكلەرنى ئەمەس، يەنە ئۆ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان نىكاھتا بولغان ئەر-ئاياللىق جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**4:4** يار. 1:31؛ روس. 10:15؛ رىم. 14:14.

5:4 **«چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ سۆز-كالامى ۋە ئىنسانلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ھالال قىلىنىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا «ئىنسانلارنىڭ دۇئاسى» دېگەن ئالاھىدە سۆز بولۇپ «شۇ دۇئالار خۇدا بىلەن يېقىن ئالاقە-مۇناسىۋەتتە بولىدۇ» دېگەن مەنىنى پۈركەپ بېرىدۇ.

**6:4** 2تىم. 1:5؛ 3:14، 15.

**ئۆزۈڭنى ئىخلاسمەنلىك يولىدا چېنىقتۇرۇپ يېتىشتۈرگىن.**
**[8] چۈنكى «بەدەننى چېنىقتۇرۇشنىڭ ئازراق پايدىسى بار، لېكىن**
**ئىخلاسمەنلىكتە ئىنتىلىشنىڭ ھەرتەرەپلىك پايدىسى بار؛ ئۇ**
**ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ھايات ئۈچۈن بەخت ئېلىپ كېلىدۇ» [9] ــ بۇ سۆز**
**ھەقتۇر ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا پۈتۈنلەي ئەرزىيدۇ. [10] ئەمەلىيەتتە بىز**
**بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتىمىز ۋە خار قىلىنىۋاتىمىز.**
**چۈنكى ئۈمىدىمىزنى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئېتىقاد**
**قىلغۇچىلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ــ مەڭگۈ ھايات خۇداغا باغلىدۇق.**
**[11] بۇ ئىشلارنى جامائەتكە توختىماي تاپىلىغىن ۋە ئۆگەتكىن.**
**[12] ھېچكىمنىڭ سېنىڭ ياشلىقىڭغا سەل قارىشىغا يول قويما؛**
**بەلكى سۆزلىرىڭدە، ئەمەللىرىڭدە، مېھىر-مۇھەببەت، ئېتىقاد**
**ۋە پاكلىقتا ئېتىقادچىلارغا نەمۇنە بول. [13] مەن يېنىڭغا بارغۇچە،**
**ئۆزۈڭنى جامائەتكە مۇقەددەس يازمىلارنى ئوقۇپ بېرىش، جېكىلەش**
**ۋە تەلىم بېرىشكە بېغىشلىغىن. [14] جامائىتىڭنىڭ ئاقساقاللىرى**

---

7:4 **«... ئۆزۈڭنى ئىخلاسمەنلىك يولىدا چېنىقتۇرۇپ يېتىشتۈرگىن»** ــ «چېنىقتۇرۇپ يېتىشتۈرگىن» دېگىنى گرېك تىلىدا «گىمناستىكا» («تەن ھەرىكىتى») بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز.

**7:4** 1تىم. 4:1؛ 20:6؛ 2تىم. 16:2؛ تىت. 14:1؛ 9:3.

**8:4** كول. 23:2.

10:4 **«ئەمەلىيەتتە بىز بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتىمىز ۋە خار قىلىنىۋاتىمىز»** ــ «خار قىلىنىۋاتىمىز» بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «كۈرەش قىلىۋاتىمىز» دېيىلىدۇ. **«چۈنكى ئۈمىدىمىزنى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ــ مەڭگۈ ھايات خۇداغا باغلىدۇق»** ــ «پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» دېگەن ئىبارىدە «ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» دېگەنلىك بەلكىم «ھەر ئادەمنى ساقلىغۇچى» دېگەن ئومۇمىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

12:4 **«ھېچكىمنىڭ سېنىڭ ياشلىقىڭغا سەل قارىشىغا يول قويما»** ــ تىموتىي بەلكىم ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرگەن. لېكىن گرېك مەدەنىيىتىدە قىرىق ياشقا كىرگەن ئوغۇل بالىلار تېخى «ياش» «يىگىت» دەپ ھېسابلىنىدۇ.

**12:4** تىت. 7:2، 15؛ 1پېت. 3:5.

13:4 **«ئۆزۈڭنى جامائەتكە مۇقەددەس يازمىلارنى ئوقۇپ بېرىش، جېكىلەش ۋە تەلىم بېرىشكە بېغىشلىغىن»** ــ «مۇقەددەس يازمىلارنى ئوقۇپ بېرىش» توغرۇلۇق: ــ شۇ ۋاقىتلاردا ئاز سانلىق كىشىلەر ئوقۇيالايتتى ۋە تېخىمۇ ئاز كىشىلەر مۇقەددەس كىتابتىكى بىرەر قىسىملارغا

قوللىرىنى ئۇچاڭغا قويغاندا، خۇدانىڭ ۋەھىيسى ئارقىلىق ساڭا
ئاتا قىلىنىشى بىلەن سەندە بولغان ئىلتىپاتقا بىپەرۋالىق قىلما.
15 بۇ ئىشلارغا بېرىلىپ، ئۆزۈڭنى ئۇلارغا تولۇق ئاتىغىن. شۇنىڭ بىلەن
سېنىڭ ئالغا باسقانلىقىڭ ھەممەيلەنگە ئايان بولىدۇ. 16 ئۆزۈڭگە ۋە
بەرگەن تەلىمىڭگە ئىزچىل كۆڭۈل قويغىن. چۈنكى شۇنداق قىلغاندا
ئۆزۈڭنىمۇ ۋە ساڭا قۇلاق سالغانلارنىمۇ قۇتقۇزىسەن.

## جامائەتتىكى بەزى ئەمەلىي ئىشلار

5 1 ياشانغان ئەرلەرنى ئەيىبلىگەندە قاتتىق سۆزلىمىگىن،
بەلكى ئۇلارغا ئاتاڭ سۈپىتىدە نەسىھەت بەرگىن. شۇنىڭدەك،
يىگىتلەرگە قېرىنداشلىرىڭ سۈپىتىدە سۆزلىگىن. 2 ياشانغان
ئاياللارغا ئاناڭ سۈپىتىدە، ياش ئاياللارغا ئاچا-سىڭىللىرىڭ
سۈپىتىدە ھەر ئىشتا پاك قەلب بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. 3 ھەقىقىي
تۇل ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال. 4 لېكىن،
تۇل ئاياللارنىڭ پەرزەنتلىرى ياكى نەۋرىلىرى بولسا، ئۇلار ئالدى
بىلەن ئۆز ئائىلىسىگە نىسبەتەن ئىخلاسمەنلىكنى ئۆگىنىپ،

ئىگە بولۇشقا مۇيەسسەر ئىدى.
**14:4 «جامائەتتىكىنىڭ ئاقساقاللىرى قوللىرىنى ئۇچاڭغا قويغاندا، خۇدانىڭ ۋەھىيسى ئارقىلىق ساڭا ئاتا قىلىنىشى بىلەن سەندە بولغان ئىلتىپاتقا بىپەرۋالىق قىلما»** — جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئېتىقادچىنى بىرەر ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە، قوللىرىنى ئۇنىڭ ئۈچىسىغا قويۇپ تۇرۇپ دۇئا قىلىشى ئىنجىلدىكى باشقا يەرلەردىمۇ كۆرۈنىدۇ.
—«ئىلتىپات» مۇشۇ يەردە مۇقەددەس روھ ئاتا قىلغان مەلۇم بىر ئالاھىدە قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قابىلىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى توغرۇلۇق «1كور.» 12-، 14-بابنى كۆرۈڭ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە تىموتىيغا تاپشۇرۇلغان ئىلتىپات توغرۇلۇق سۆزلەيمىز.
**14:4** روس. 6:6؛ 17:8؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 22:5؛ 2تىم. 6:1.
**1:5** لاۋ. 32:19.
**3:5 «ھەقىقىي تۇل ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال»** — «ھەقىقىي تۇل ئاياللار» مۇشۇ يەردە ئېرىدىن جۇدا بولغان، قىيىنچىلىقتا تۇرغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. «ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال» گرېك تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەجرىنى ياندۇرسۇن؛ چۈنكى بۇ ئىش خۇدانى**
**خۇرسەن قىلىدۇ. [5] ئەمدى ھەقىقىي تۇل ئۆتتۈۋاتقان، يالغۇز قالغان**
**ئاياللار بولسا، ئۇمىدىنى خۇداغا باغلىغان بولۇپ، كېچە-كۈندۈز**
**دۇئا-تىلاۋەتتە بولىدۇ. [6] لېكىن ھۇزۇر-ھالاۋەتكە بېرىلگەن تۇل خوتۇن**
**ھايات بولسىمۇ، ئۆلگەنگە باراۋەردۇر. [7] ئەمدى باشقىلار تەرىپىدىن**
**ئەيىبلىنىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن سەن ئۇلارغا بۇ**
**ئىشلارنى جېكىلەپ تاپىلىغىن. [8] لېكىن بىرسى ئۆز تۇغقانلىرىدىن،**
**بولۇپمۇ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردىن خەۋەر ئالمىسا، ئۇ ئېتىقادتىن**
**تانغان دەپ قارىلىپ، كاپىرلاردىن بەتتەر بولىدۇ.**

**[9] تۇل ئايال تىزىمغا ئېلىنسا، يېشى ئاتمىشتىن تۆۋەن بولماسلىقى،**
**بىرلا ئەرنىڭ ئايالى بولغان بولۇشى كېرەك، [10] يەنە گۈزەل ئەمەللىرى**
**بىلەن تەرىپلەنگەن بولۇشى، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ چوڭ**
**قىلغان، مۇساپىرلارغا مېھماندوستلۇق كۆرسەتكەن، مۇقەددەس**
**بەندىلەرنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇپ قويغان، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا**
**ياردەم قولىنى ئۇزارتقان، ئۆزىنى ھەرخىل خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا**

---

**4:5** يار. 10:45، 11؛ مات. 4:15؛ مار. 10:7؛ ئەف. 1:6، 2.

**5:5** لۇقا 36:2؛ 1كور. 32:7.

**8:5** گال. 10:6.

9:5 **«تۇل ئايال تىزىمغا ئېلىنسا، يېشى ئاتمىشتىن تۆۋەن بولماسلىقى، بىرلا ئەرنىڭ ئايالى بولغان بولۇشى كېرەك...»** ــ «تۇل ئايال تىزىمغا ئېلىنسا» دېگەندىكى «تىزىم» بەلكىم جامائەت ئىچىدىكى ئالاھىدە ياردەم ئالغۇچى تۇل ئاياللارنىڭ تىزىمىنى كۆرستىدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە بەلكىم ئالاھىدە دۇئا ۋە باشقا ھاجەتمەنلەرنى يوقلاش خىزمەتلىرى بار ئىدى؛ يەنە كېلىپ ئۇلار قايتىدىن توي قىلماسلىققا ۋەدە قىلىشى كېرەك بولۇشى مۇمكىن (12-ئايەتنى كۆرۈڭ).
—«بىرلا ئەرنىڭ ئايالى بولغان بولۇشى كېرەك» دېگەنىنىڭ «بىرلا ئەرلىك بولغان بولۇشى كېرەك» ياكى «ئۆز ئېرىگە سادىق بولغان بولۇشى كېرەك» دېگەن باشقا بىرخىل چۈشەنچىسى بار.

**بېغىشلىغانلار بولۇشى كېرەك. [11] لېكىن ياش تۇل ئاياللارنى**
**تىزىملىككە كىرگۈزمە. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىشق ھەۋەسلىرى**
**قوزغىلىپ مەسىھتىن تېنىپ، قايتا نىكاھلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛**
**[12] شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دەسلەپ بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش**
**سەۋەبلىك ئەيىبلىك بولىدۇ. [13] ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھورۇنلۇقنى**
**ئادەت قىلىۋېلىپ، ئۆيمۇ-ئۆي دوقۇرۇپ يۈرۈشنى ئۆگىنىدۇ؛ شۇنداقلا**
**ھورۇن بولۇپلا قالماي، ئۇلار غەيۋەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا**
**چېپىلغاق بولۇپ نالايىق ئىشلارغا ۋالاقلايدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشى**
**مۇمكىن. [14] شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ياش تۇل ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىپ،**
**پەرزەنت كۆرۈپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى خالايمەن.**
**شۇنداق قىلغاندا، بىزگە قارشى تۇرغۇچىغا بىزنى ھەرقانداق**

---

10:5 **«يەنە گۈزەل ئەمەللىرى بىلەن تەرىپلەنگەن بولۇشى، ... مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇپ قويغان... ئۆزىنى ھەرخىل خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغانلار بولۇشى كېرەك»** ــ «مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ پۇتلىرىنى يۇغان»: ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، «پۇت يۇيۇش» ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۆرپ-ئادەتلەردىن ئىدى، سەپەردىن كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈشنى بىلدۈرەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بەلكىم باشقا ئېتىقادچىلارنىڭ خىزمىتىدە كەمتەرلىك بىلەن بولۇشنىڭ ياخشى بەلگىسى ئىدى («يۇھ.» 13:1-17نى كۆرۈڭ).

**10:5** يار. 18:4؛ 19:2؛ لۇقا 38:7، 44؛ 1پېت. 9:4.

12:5 **«... ئۇلار دەسلەپ بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش سەۋەبلىك ئەيىبلىك بولىدۇ»** ــ «دەسلەپ بەرگەن ۋەدىسى» بەلكىم ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ «ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن جامائەتنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن، قايتا توي قىلمايمەن» دېگەندەك بىر ۋەدىسىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. 9-ئايەتنى يەنە كۆرۈڭ.

13:5 **«ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھورۇنلۇقنى ئادەت قىلىۋېلىپ، ئۆيمۇ-ئۆي دوقۇرۇپ يۈرۈشنى ئۆگىنىدۇ؛ شۇنداقلا ھورۇن بولۇپلا قالماي، ئۇلار غەيۋەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا چېپىلغاق بولۇپ نالايىق ئىشلارغا ۋالاقلايدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن»** ــ دېمەك، ئەگەر ئۇنداق مايىللىقى بولغان تۇل ئاياللارغا جامائەت تەرىپىدىن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلگەن بولسا («تىزىملانسا»)، ئۇلار تېخىمۇ شۇنداق يولدا مېڭىپ كېتىشى مۇمكىن.

**13:5** تىت. 2:3.

ئەيىبلەپ-ھاقارەتلەش پۇرسىتى چىقمايدۇ. [15] چۈنكى شۇنداق بەزى
تۇل ئاياللار ئاللىقاچان ئېتىقادتىن تېنىپ شەيتاننىڭ كەينىگە
كىرىپ كەتتى. [16] ئەگەر ئېتىقادى بار بىر ئەر ياكى ئايال كىشىنىڭ
تۇل قالغان تۇغقانلىرى بولسا، ئۇ ئۆزى ئۇلارغا ياردەم بەرسۇن، يۈكى
جامائەتكە چۈشمىسۇن. شۇنداق بولغاندا، جامائەت ھەقىقىي ئىگە-
چاقىسىز تۇل ئاياللارغا ياردەم قىلالايدۇ.

## ئاقساقاللار توغرىسىدا

[17] جامائەتنى ياخشى يېتەكلەيدىغان ئاقساقاللار، بولۇپمۇ خۇدانىڭ
سۆز-كالامىنى يەتكۈزۈش ۋە تەلىم بېرىشتە ئەجىر سىڭدۈرگەنلەر
ئىككى ھەسسە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىنسۇن. [18] چۈنكى مۇقەددەس
يازمىلاردا: «خامان تەپكەن ئۆكۈزنىڭ ئاغزىنى بوغما» ۋە: «مەدىكار
ئۆز ھەققىنى ئېلىشقا ھەقلىقتۇر» دېيىلگەن.
[19] ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھچى ھازىر بولمىغۇچە، ئاقساقال ئۈستىدىن

---

14:5 **«بىزگە قارشى تۇرغۇچىغا بىزنى ھەرقانداق ئەيىبلەپ-ھاقارەتلەش پۇرسىتى چىقمايدۇ»** — «بىزگە قارشى تۇرغۇچى» شەيتاننىڭ ئۆزىنى ياكى يەر يۈزىدە ئىنجىلغا قارشى چىققانلارنى كۆرسىتىدۇ.

**14:5** 1كور. 9:7.

16:5 **«ئەگەر ئېتىقادى بار بىر ئەر ياكى ئايال كىشى...»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە پەقەت «ئېتىقادچى ئايال كىشى...» دېيىلىدۇ.

17:5 **«جامائەتنى ياخشى يېتەكلەيدىغان ئاقساقاللار، بولۇپمۇ خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى يەتكۈزۈش ۋە تەلىم بېرىشتە ئەجىر سىڭدۈرگەنلەر ئىككى ھەسسە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىنسۇن»** — ئىنجىلدا «ئاقساقاللار» دېگەننىڭ باشقا خىل ئىپادىسى «يېتەكچىلەر». «فىلىپپىلىقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»، شۇنداقا «تەبىرلەر»نىمۇ كۆرۈڭ.

—«ئىككى ھەسسە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىنسۇن» — دېمەك، ھەم جامائەتنىڭ چوڭقۇر ئىززىتىگە ۋە لايىق بولغان ئىقتىسادىي ياردەمگە مۇيەسسەر بولسۇن (چۈنكى تەلىم بېرىشتە ۋە جامائەتتىن خەۋەر ئېلىشتا ئەستايىدىل بولۇش دائىم كۆپ ۋاقىتلىرى سەرپ قىلىندۇ).

**17:5** رىم. 27:15؛ 1كور. 11:9؛ گال. 6:6؛ فىل. 29:2؛ 1تېس. 12:5؛ ئىبر. 17:13.

18:5 **«خامان تەپكەن ئۆكۈزنىڭ ئاغزىنى بوغما» ... «مەدىكار ئۆز ھەققىنى ئېلىشقا ھەقلىقتۇر»...** — تەۋرات، «قان.» 4:25 ۋە ئىنجىل، «لۇقا» 7:10.

**18:5** لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ مات. 10:10؛ لۇقا 7:10؛ 1كور. 9:9.

**قىلىنغان ئەرزنى قوبۇل قىلما. [20] ئەگەر ئاقساقاللاردىن بىرسى گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، باشقىلارنىڭمۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ قورقۇشى ئۈچۈن، جامائەت ئالدىدا تەنبىھ بېرىپ ئەيىبلىگىن.**

**[21] خۇدانىڭ، مەسىھ ئەيسانىڭ ۋە خۇدا تاللىغان پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىدا شۇنى ساڭا ئاگاھ قىلىپ تاپىلايمەنكى، سەن بۇ ئەمرلەرگە ھېچ ئايرىمچىلىق قىلماي، ھېچقانداق ئىشتا بىر تەرەپكە يان باسماي قەتئىي ئەمەل قىلغىن.**

**[22] بىراۋنىڭ ئۈچىسىغا قولۇڭنى قويۇشقا ئالدىراپ كەتمە؛ باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىغا شېرىك بولما. ئۆزۈڭنى پاك تۇتقىن [23] (ئاشقازىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى، شۇنداقلا سەن دائىم ئاغرىيدىغان بولغاچقا،**

---

19:5 **«ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھچى ھازىر بولمىغۇچە، جامائەتنىڭ بىر ئاقساقالى ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرزنى قوبۇل قىلما»** ــ تەۋرات، «قان.» 17:6، 19:5نى كۆرۈڭ.

**19:5** قان. 15:19.

20:5 **«ئەگەر ئاقساقاللاردىن بىرسى گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، باشقىلارنىڭمۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ قورقۇشى ئۈچۈن، جامائەت ئالدىدا تەنبىھ بېرىپ ئەيىبلىگىن»** ــ «باشقىلارنىڭمۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ قورقۇشى ئۈچۈن...»: ــ دېمەك، قالغان ئاقساقاللار ئىبرەت ئالسۇن.

**21:5** قان. 4:17؛ 18:19؛ رىم. 9:1؛ 9:1؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 27:5؛ 1تىم. 13:6.

22:5 **«بىراۋنىڭ ئۈچىسىغا قولۇڭنى قويۇشقا ئالدىراپ كەتمە»** ــ «بىراۋنىڭ ئۈچىسىغا قولۇڭنى قويۇش» دېگەن ھەرىكەت، بىرسىنى جامائەتكە يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش، كېسەل ئادەمنى ساقايتىش ياكى باشقا ئالاھىدە بىر دۇئا قىلىش ئۈچۈن «مەن خۇدا ئالدىدا بۇ ئادەم بىلەن بىر بولىمەن» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. **«باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىغا شېرىك بولما»** ــ بۇ سۆز ئالدىنقى: «بىراۋنىڭ ئۈچىسىغا قولۇڭنى قويۇشقا ئالدىراپ كەتمە» دېگەن سۆزگە باغلىق. چۈنكى ئۇنداق ھەرىكەت قول قويغۇچى كىشى دۇئا قىلىنغان كىشى ئۈچۈن: «ئى خۇدا، مەن بۇ كىشى بىلەن مەسئۇلىيەتتە بىر بولاي» دېگەن دۇئانى بىلدۈرىدۇ. ئەمما «باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىغا شېرىك بولما» دېگەننىڭ باشقا تەرەپلىرى بار، ئەلۋەتتە.

**22:5** روس. 6:6؛ 17:8؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 14:4؛ 2تىم. 6:1.

سۇلا ئىچىۋەرمەي، بىرئاز شارابمۇ ئىچىپ بەرگىن). [24]بەزى
كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى بۇرۇنلا ئېنىق، شۇنداقلا سوراق كۈنىگىچە
ساقلىنىدۇ؛ لېكىن بەزىلەرنىڭكى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ
بارىدۇ، كېيىن ئاشكارە بولىدۇ. [25]خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بەزى
كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئەمەللىرىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛ ھازىر
ئاشكارا بولمىسا كېيىن ئاشكارىلانماي قالمايدۇ.

6 [1]قۇللۇق بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز
خوجايىنلىرىنى ھەر تەرەپتە ھۆرمەتلىسۇن. شۇنداق قىلغاندا،
خۇدانىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ تەلىمىنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىشىدىن
ساقلانغىلى بولىدۇ. [2]خوجايىنلىرى ئېتىقادچى بولسا، قۇللىرى:
«بىز ھەممىمىز ئوخشاشلا قېرىنداشلارغۇ» دەپ، ئۇلارغا
ھۆرمەتسىزلىك قىلمىسۇن. ئەكسىچە، ئۇلارغا تېخىمۇ ئەستايىدىل
خىزمەت قىلسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ياخشى خىزمىتىدىن بەھرىمەن

---

23:5 **«ئاشقازىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى، شۇنداقلا سەن دائىم ئاغرىيدىغان بولغاچقا، سۇلا ئىچىۋەرمەي، بىرئاز شارابمۇ ئىچىپ بەرگىن»** — پاۋلۇس بۇ سۆزنى بەلكىم يۇقىرىقى «ئۆزۈڭنى پاك تۇتقىن» دېگەنلىكىدە ھاجىتى بولمىغان پەرھىزلەر بولمىسۇن دەپ تىموتىينىڭ كېسىلىنى كۆزلەپ ئېيتىدۇ.

**23:5** زەب. 15:104

24:5 **«بەزى كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى بۇرۇنلا ئېنىق، شۇنداقلا سوراق كۈنىگىچە ساقلىنىدۇ؛ لېكىن بەزىلەرنىڭكى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بارىدۇ، كېيىن ئاشكارە بولىدۇ»** — بۇنىڭ مەنىسى بەلكىم: «بەزى كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ چوقۇم سوراققا تارتىلىشى ئېنىق. لېكىن، بەزى كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى بولسا پەقەت كېيىن، سوراقتىلا ئاشكارا بولىدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن تىموتىي باشقىلارغا «قول قويۇش»تا دائىم پەخەس بولۇپ، ئەتراپلىق ئويلىشى كېرەك.

**24:5** گال. 19:5.

25:5 **«بەزى كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئەمەللىرىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بەزى كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئەمەللىرى سوراقتىن ئاۋۋال كۆرۈنەرلىك بولىدۇ».

**1:6** ئەف. 5:6؛ كول. 22:3؛ تىت.9:2؛ 1پېت.18:2.

بولىدىغانلار دەل سادىق ئېتىقادچىلار ھەم سۆيۈملۈك بەندىلەردۇر.
سەن بۇ تەلىملەرنى ئۆگەتكىن ۋە جېكىلىگىن.

## يالغان تەلىم ۋە پۇلپەرەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى

[3] ئوخشىمىغان تەلىملەرنى تەرغىب قىلغان ۋە ساغلام سۆزلەرنى
(يەنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ھەق سۆزلىرىنى)، شۇنداقلا
ئىخلاسمەنلىككە يېتەكلەيدىغان تەلىمنى قوبۇل قىلمىغان
كىشى بولسا، [4] ئۇنداقلار دەۋەقە كۆرەڭلەپ كەتكەن، ھېچنېمە
چۈشەنمەيدىغان كىشىلەردىندۇر. ئۇلار نىزا-مۇنازىرە پەيدا قىلىشقا
ۋە گەپ تالىشىشقا ھېرىسمەن؛ بۇنداق ئىشلاردىن ھەسەتخورلۇق،
جېدەل-ماجىرا، تۆھمەت، رەزىل گۇمانخورلۇق ھاسىل بولىدۇ،
[5] ھەمدە نىيىتى چىرىكلەشكەن، ھەقىقەتتىن مەھرۇم بولغان
كىشىلەر ئارىسىدا دائىملىق سۈركىلىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق
كىشىلەر ئىخلاسمەنلىكنى پايدا-تاپاۋەتنىڭ بىر يولى دەپ قارايدۇ.
[6] دەرۋەقە، خۇداغا ئىخلاسمەن ۋە رازىمەن بولۇش غايەت زور پايدىدۇر.
[7] چۈنكى بىز بۇ دۇنياغا ھېچنېمە ئېلىپ كەلمىدۇق، شۇنىڭدەك
ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنىمۇ ئېلىپ كېتەلمەيمىز. [8] شۇڭا، يېمەك-ئىچمەك
ۋە كىيىم-كېچەك يېتەرلىك بولسىلا بۇلاردىن قانائەت قىلىمىز.
[9] لېكىن باي بولۇشنى ئويلايدىغانلار بولسا ھامان ئازدۇرۇلۇشلارغا
ئۇچراپ، تۇزاققا ۋە شۇنداقلا ئىنسانلارنى ۋەيرانچىلىققا ۋە
ھالاكەتكە چۆكتۈرىدىغان نۇرغۇن ئەخمىقانە ھەم زىيانلىق ئارزۇ-
ھەۋەسلەرنىڭ ئىلكىگە تېيىلىپ كېتىدۇ. [10] چۈنكى پۇلپەرەسلىك

**4:6** 1تىم. 4:1؛ 2تىم. 23:2؛ تىت. 9:3.
**5:6** 1كور. 16:11.
**6:6** پەند. 16:15؛ ئىبر. 5:13.
**7:6** ئايۇپ 21:1؛ 19:27؛ زەب. 17:49
**8:6** زەب. 23:55؛ پەند. 26:27؛ مات. 25:6؛ 1پېت. 7:5.
**9:6** پەند. 28:11؛ مات. 22:13؛ ياق. 1:5.

ھەرخىل رەزىللىكلەرنىڭ يىلتىزىدۇر. بەزىلەر بۇنىڭغا ئىنتىلىشى بىلەن ئېتىقادتىن چەتنەپ، ئۆزلىرىنى نۇرغۇن دەرد-قايغۇلار بىلەن سانجىدى.

## تىموتىيغا نەسىھەت

[11] ئەمما سەن، ئەي خۇدانىڭ ئادىمى، بۇنداق ئىشلاردىن يىراق قاچ؛ ھەققانىيلىق، ئىخلاسمەنلىك، ئىشەنچ-ئېتىقاد، مېھىر-مۇھەببەت، سەۋر-تاقەت ۋە مۆمىن-مۇلايىملىقنى ئىنتىلىپ قوغلا. [12] ئېتىقادتىكى گۈزەل كۈرەشتە كۈچەپ كۈرەش قىل. مەڭگۈلۈك ھاياتنى چىڭ تۇتقىن. سەن دەل بۇنىڭغا چاقىرىلدىڭ ھەمدە ئۇنىڭ يولىدا نۇرغۇنلىغان گۇۋاھچىلار ئالدىدا بۇ ئېتىقادنىڭ گۈزەل شاھىتلىقىنى قىلدىڭ.

[13] ھەممىگە ھاياتلىق بېرىۋاتقان خۇدانىڭ ئالدىدا، شۇنداقلا پونتىئۇس پىلاتۇسقا گۈزەل شاھىتلىقنى قىلىپ گۇۋاھلىق بەرگەن مەسىھ ئەيسانىڭ ئالدىدا ساڭا شۇنى تاپىلايمەنكى، [14] رەببىمىز ئەيسا مەسىھ قايتا ئايان بولغۇچە، خۇدانىڭ بۇ ئەمرىگە ھېچ قۇسۇرسىز ۋە داغسىز ئەمەل قىلغىن. [15-16] ئۇنىڭ ئايان بولۇشىنى ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە بىردىنبىر مەڭگۈ ئۆلمىگۈچى، ئىنسان

---

**10:6** مىس. 8:23؛ قان. 19:16؛ پەند. 16:15.

**11:6** 2تىم. 22:2.

12:6 **«ئېتىقادتىكى گۈزەل كۈرەشتە كۈچەپ كۈرەش قىل»** ــ بۇ سۆزلەر ۋە ئايەتنىڭ قالغان قىسمى («گۈزەل شاھىتلىق») توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**12:6** 1تىم. 18:1.

13:6 **«ھەممىگە ھاياتلىق بېرىۋاتقان خۇدانىڭ ئالدىدا، شۇنداقلا پونتىئۇس پىلاتۇسقا گۈزەل شاھىتلىقنى قىلىپ گۇۋاھلىق بەرگەن مەسىھ ئەيسا...»** ــ «گۈزەل شاھىدلىق» دېگەن سۆز توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**13:6** قان. 39:32؛ 1سام. 6:2؛ مات. 11:27؛ يۇھ. 37:18؛ 1تىم. 21:5.

14:6 **«بۇ ئەمرىگە ھېچ قۇسۇرسىز ۋە داغسىز ئەمەل قىلغىن»** ــ «بۇ ئەمر» بولسا تىموتىيغا تاپشۇرۇلغان تولۇق ۋەزىپىنى كۆرسىتىدۇ (3:3-20، 2:6-5).

يېقىنلىشالمايدىغان نۇر ئىچىدە ياشايدىغان، ھېچكىم كۆرمىگەن
ۋە كۆرەلمەيدىغان مۇبارەكلەشكە لايىق بولغان بىردىنبىر ھۆكۈمران،
يەنى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، رەبلەرنىڭ رەببى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.
ئۇنىڭغا ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ئەبەدىلئەبەد كۈچ-قۇدرەت بولغاي،
ئامىن!
[17]بۇ زاماندا باي بولغانلارغا مەغرۇرلانماسلىقنى، تايانغۇسىز
ئۆتكۈنچى بايلىققا ئەمەس، بەلكى بىز بەھرىمەن بولۇشقا ھەممىنى
بىزگە سېخىيلىق بىلەن تولۇپ تاشقان ھالدا تەمىنلىگۈچى خۇداغا
تايىنىپ ئۈمىد باغلاشنى تاپىلىغىن؛ [18]ئۇلارغا ياخشى ئەمەللەرنى
قىلىشتا ھەقىقىي باي بولۇشلار، خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلاردا مەرد،
باشقىلار بىلەن ئورتاق بەھرلىنىشكە قولى ئوچۇق بولۇشلار دەپ
تاپىلىغىن. [19]ئۇلار بۇنداق قىلغاندا، ھەقىقىي ھاياتنى تۇتۇش ئۈچۈن
كېلەچەكتە ئۆزلىرىگە پۇختا بىر ئاساس-ئۇل بولىدىغان بىر خەزىنە
توپلىيالايدۇ.
[20]ئەي تىموتىي، ساڭا ئامانەت قىلىنغان ھەقىقەتلەرنى قوغدا.
ئۆزۈڭنى ئىخلاسسىز، قۇرۇق گەپلەردىن ھەمدە ئاتالمىش ئىلىمنىڭ
تالاش-تارتىشلىرىدىن نېرى تۇتقىن. [21]بەزىلەر مۇشۇنداق بىمەنە
ئىلىمگە ئېگىمەن دەپ جاكارلاپ، ئېتىقادتىن چەتنىدى.
مېھىر-شەپقەت سىلەرگە يار بولغاي!

---

**15:6-16** 1تىم. 17:1؛ ۋەھ. 14:17؛ 16:19؛ مىس. 20:33؛ قان. 12:4؛ 1يۇھ. 12:4.

17:6 **«بىز بەھرىمەن بولۇشقا ھەممىنى بىزگە سېخىيلىق بىلەن تولۇپ تاشقان ھالدا تەمىنلىگۈچى خۇدا...»** ــ «سېخىيلىق بىلەن» گرېك تىلىدا «زور بايلىقلىرىدىن بەرگەندەك» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**19:6** مات. 20:6؛ لۇقا 33:12؛ 9:16.

**20:6** 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 2تىم. 16:2؛ تىت. 14:1؛ 9:3.

21:6 **«مېھىر-شەپقەت سىلەرگە يار بولغاي!»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «مېھىر-شەپقەت ساڭا يار بولغاي!» دېيىلىدۇ.

# قوشۇمچە سۆز

(4:1) «ئۆلارنىڭ ئەپسانىلەر ۋە ئايىغى يوق نەسەبنامىلەرگە بەند بولماسلىقىنى تاپىلىغىن؛ بۇلار خۇدانىڭ ئېتىقاد ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئۆز ئۆيىگە بولغان پىلانىنى ئىلگىرى سۈرمەيدۇ، بەلكى پەقەت بىمەنە تالاش-تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس»

(7:4) «ئەمما ئىخلاسسىزلارنىڭ ۋە مومايلارنىڭ ئەپسانىلىرىنى چەتكە قېقىپ، ئۆزۈڭنى ئىخلاسمەنلىك يولىدا چېنىقتۇرۇپ يېتىشتۈرگىن».

مۇشۇ ئايەتلەر توغرۇلۇق كۆرسىتىپ ئېيتمىساق بولمايدۇكى، پاۋلۇس تىلغا ئالغان، يەھۇدىي خەلقى ئارىسىدا (گەرچە تەۋراتتىكى ھەقىقەتلەرگە تولىمۇ زىت بولسىمۇ) ئېقىپ يۈرگەن دەل بۇ ئاممىباب ئەپسانىلەردىن خېلى بىر قىسمى تېخى دۇنيادىكى مۇسۇلمان خەلق ئارىسىدىمۇ «ھەدىس»دىكى ھېكايىلەردە ئېقىپ يۈرمەكتە. ئوقۇرمەنلەر بۇنىڭدىن شەكلەنسە، چوڭراق بىر كىتابخانىدىن «يەھۇدىي ئەپسانىلەر» توغرۇلۇق كىتابلارنى ئاختۇرسۇن ياكى «ئىنتېرنېت»كە چىقىش پۈرستى بولسا «ئىزدەش پروگرامما»سىدىن «يەھۇدىي ئەپسانىلەر» (“Jewish legends”) دېگەن سۆزلەرنى بېسىپ كۆرسۇن.

(16-15:1) «مۇشۇ سۆز ئىشەنچلىك ۋە ھەر ئادەم ئۇنى قوبۇل قىلىشى تېگىشلىكتۇر — «مەسىھ ئەيسا گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى!». مەن گۇناھكارلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەشەددىيسىدۇرمەن! لېكىن دەل شۇ سەۋەبتىن مەسىھ ئەيسانىڭ ئەڭ ئەشەددىي گۇناھكار بولغان مېنى، كېيىن ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدىغانلارغا مىسال قىلىپ مەندە ئۆزىنىڭ بارلىق سەۋر-تاقىتىنى ئايان قىلىشى ئۈچۈن، ماڭا رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىلگەندۇر».

روسۇلنىڭ مۇشۇ يەردە ئېيتقىنىنى تەپسىلىي ھالدا ئەستايىدىل قارىشىمىزغا ۋە تەكتىلىشىمىزگە بەك ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ: «مەسىھ ئەيسانىڭ ئەڭ ئەشەددىي گۇناھكار بولغان مېنى، كېيىن ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدىغانلارغا مىسال قىلىپ مەندە ئۆزىنىڭ بارلىق سەۋر-تاقىتىنى ئايان قىلىشى ئۈچۈن، رەھىم-شەپقەت ماڭا كۆرسىتىلگەندۇر» دېگىنىنىڭ مەنىسى نېمە؟ پاۋلۇس زادى قانداق «مىسال» بولىدۇ؟

خۇدانىڭ مەغپىرىتىنى ۋە مەسىھ ئەيسادا بولغان يېڭى ھاياتنى ئايان قىلغان خۇش خەۋەرنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىنكاسى تونۇشىمىز بولغان بىر خەنزۇ ساقچىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، ئۇ «دەرۋەقە ئىنتايىن ئاجايىب، ئىنتايىن ياخشى ئاڭلىنىدۇ، ئەمما ئۆزۈم بولسام شۇنچە رەزىل ئادەم، ھەددىدىن كۆپ شۇنچە رەزىل ئىشلارنى سادىر قىلغانمەنكى، خۇدانىڭ مېنى كەچۈرۈم قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!» — دەيدۇ. دەل بۇ سەۋەبتىن روسۇل بىزگە: «ماڭا قاراڭلار! مەن ئەڭ يامىنى بولغان، مەن «گۇناھكارلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەشەددىيسىدۇرمەن»، ھاكاۋۇرلۇقتا تولغان، خۇدانىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرىدىن كۆپىنى سولاپ قويۇشقا ۋە ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈشكە مەسئۇل بولغانمەن. ئەمما خۇدا مېنى كەچۈرۈم قىلدى ۋە مېنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى — شۇڭا ئۇ چوقۇم سەن ئۈچۈنمۇ دەل بۇ ئىشنى قىلىدۇ ۋە قىلىشنى خالايدۇ!» — دەيدۇ.

## (14:2) «ئاۋۋال ئالدىنىپ ئازدۇرۇلغانمۇ ئادەمئاتا ئەمەس، بەلكى ھاۋائانا ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئالدانغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكىگە چۈشۈپ قالغانىدى».

مۇشۇ يەردە بەزى ئوقۇرمەنلەرگە ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىغا ھاۋائانىمىز ئەيىبلىك، ياكى بولمىسا «ئادەمئاتىدىن ئەيىبلىكرەك» كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا دەل ئەكسىچە. ھاۋائانىمىز يىلان تەرىپىدىن ئازدۇرۇلۇپ گۇناھقا تېيىلىپ كەتتى. ئەمما ئادەمئاتىمىز ئازدۇرۇلغان ئەمەس؛ ئۇ گۇناھ سادىر قىلغان، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ پۈتۈنلەي ئاڭلىق ھالدا شۇنداق قىلدى. ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھى ھاۋائانىمىزنىڭكىدىن زور ئېغىر بولغان. شۇڭا مۇقەددەس يازمىلاردا گۇناھنىڭ دۇنياغا كىرگەنلىكى تىلغا ئېلىنغاندا دائىم بۇ ئىش ئادەمئاتىمىز ئارقىلىق (ھاۋائانىمىز ئارقىلىق ئەمەس) بولغان، دېيىلىدۇ.

روسۇلنىڭ مۇشۇ يەردە دېگىنىنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، ئايال كىشىلەر ئەركەك كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپرەك ھېسسىياتچان ۋە ئوچۇق تەبىئىيتىدە بولۇپ (بەلكىم روھىي جەھەتتىن تەسىرلەرگە سەزگۈررەك دېسەكمۇ بولىدۇ)، ئېزىتقۇ تەسىرلەرگە سەزگۈررەك بولىدۇ. شۇنىڭ تۈپەيلىدىن ئايال قېرىنداشلارنىڭ خىزمەتلىرى بېشارەت بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنى بىلەن («1كور.» 5:11)، تەلىم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ (12:2).

## (3:2) (ۋە 12:3) «ئەمدى يېتەكچى بولسا ئەيىبسىز، بىر خوتۇنلۇق... بولۇشى كېرەك»

جامائەت يېتەكچىسىگە (ۋە خىزمەتكارلىرى بولۇشقا) شەرت بولغان «بىر خوتۇنلۇق... بولۇشى كېرەك» ياكى «بىر ئايالنىڭلا ئېرى بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆز ئۇستىدە كۆپ پىكىرلەر بولغان: —

(1) ھېچ نىكاھلانمىغان ئادەم يېتەكچى بولمايدۇ؛

(2) (بىر ۋاقىتتا) كۆپ ئاياللىق بولغان ئادەم يېتەكچى بولمايدۇ؛

(3) ئاجرىشىپ كەتكەن كىشى يېتەكچى بولمايدۇ؛

(4) ئاياللىدىن جۇدا بولۇپ ئاندىن قايتىدىن توي قىلغان كىشى يېتەكچى بولمايدۇ.

(5) يېتەكچى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئايالىغا سادىق بولۇش كېرەك.

بۇلار توغرۇلۇق قارىشىمىز مۇنداق:

(1) ھېچ نىكاھلانمىغان ئادەم جامائەتنىڭ يېتەكچىسى بولالايدۇ — روسۇل پاۋلۇس نىكاھلانغان ئەمەس، ئەمما ئۆزى يېتەكچىلەرنى بېكىتىدىغان روسۇل ئىدى. لېكىن دەرۋەقە جامائەتتىن تولۇق خەۋەر ئېلىش خوتۇنسىز ھالدا تەس ئىش بولىدۇ.

(2) كۆپ ئاياللىق ئادەم يېتەكچى بولسا بولمايدۇ — بۇ پىكىرگە قوشۇلىمىز. ئۇنداق كىشىنىڭ ئائىلىسىدە بەربىر كۆپ جېدەللەر بولىدۇ.

(3) ئەگەر كىشىنىڭ ئاجرىشىشى ئىنجىلغا خىلاپلىق بولسا ئەلۋەتتە ئۇ يېتەكچى بولالمايدۇ. ئەگەر خىلاپلىق بولمىسا يېتەكچى بولۇش مۇمكىنچىلىكىدىن سىرت ئەمەس. «كورىنتلىقلارغا (1)»دىكى ئاجرىشىش توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

(4) ئاياللىدىن جۇدا بولۇپ ئاندىن قايتىدىن توي قىلغان كىشى يېتەكچى بولسا بولمايدۇ — بۇ پىكىرگە قوشۇلمايمىز. پاۋلۇسنىڭ ئويلىغىنى بۇنىڭدەك بولسا چوقۇم ئېنىق دەيتتى؛

ئۇنىڭ باشقا سۆزلىرىدە ۋە مۇقەددەس يازمىلاردىمۇ ئۇنداق پىكرىنىڭ قىلچە پۇرىقى يوق.
(5) يېتەكچى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئايالىغا سادىق بولۇش كېرەك — بۇ خۇلاسە (1)-(4) يۇقىرىقى سۆزىمىزگە ماس كېلىدۇ.
بىزنىڭ بۇ سۆزلىرىمىز يەنە 12:3-ئايەتتە كۆرستىلگەن جامائەتنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ «بىر ئايالنىڭ ئېرى» بولۇش شەرتىگە ئوخشاشلا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## تىموتىينىڭ تەلىم بېرىش ۋەزىپىسى

(4:3) «ئۇلار (ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر) نىكاھلىنىشنى ۋە بەزى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار مەنئى قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى خۇدا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغان ھەم ھەقىقەتنى بىلگەنلەرنىڭ تەشەككۈر ئېيتىپ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ياراتقانىدى»
پاۋلۇس بۇ «جىنلارنىڭ تەلىملىرى» «ئاخىرقى زامانلاردا» پەيدا بولىدۇ، دەيدۇ. بۇنداق تەلىملەرنىڭ بىرىنچى ئالامىتى بەلكىم ئۇ خېتىنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان يەھۇدىي «بىدئەت تەلىم بەرگۈچى»لەردە كۆرۈلدى. ئۇلار يەتكۈزگەن تەلىملەرنىڭ ئاساسى ئەمەلىيەتتە گرېك پەيلاسوپلارنىڭ: «جىسمانىي ئىشلار رەزىل، روھىي شەيئىلەر ياخشى» دېگەن بىر ئۇقۇمى ئىدى — شۇڭا بەزى تائاملارنى مەنئىي قىلىپ، نىكاھلىنىشنى (ئىشقىي مۇھەببەت، جىنسىيەتنىڭ ئۆزى جىسمانىي ئىش بولغاچقا، «رەزىل» دەپ قاراپ) مەنئى قىلىشى بىلەن ئۇلار «يۇقىرى روھىي دەرىجە»گە كۆتۈرۈلەلەيتتى.
ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئۆز «پوپ»لىرى ۋە «ئۇستاز»لىرىنىڭ توي قىلىشنى بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر مەنئى قىلىدىغان «رىملىق كاتولىك جامائەت»تە ئۇنداق تەلىملەر پەيدە بولۇپ تۇرماقتا. بۇنداق پەرھىزلەر پاۋلۇسنىڭ «جامائەت يېتەكچىلىرى»نىڭ «بىر ئايالنىڭ ئېرى» بولۇش كېرەك، دېگەن سۆزلىرىگە تولىمۇ زىتتۇر. دەرۋەقە ئۆزىگە ياردەمچى بولغان ئايالى بولمىسا ئەر قېرىنداشلارنىڭ جامائەتتىن خەۋەر ئېلىشى تەس بولىدۇ؛ بەزى شۇنداق بۇرادىرىمىز بار، لېكىن ئىنتايىن ئازدۇر. ئەمەلىيەتتە تارىختىن بويان بۇ ئاتالمىش «كاتولىك جامائەت»تىكى يالغۇز مۇشۇ بىر پەرھىزلا ئۆز «پوپ» ۋە «موناخ»لىرى ئارىسىدا ئىنتايىن كۆپ ئەشەددىي گۇناھلار ۋە جىنايەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يىگىرمىنچى ئەسىردىكى گېزىتلەر، رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىدە خەلقئارا خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىشلىرى

بىلەن بۇنداق بەزى ئەشەددىي ئىشلار (مەسىلەن، گۆدەك باللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش) سۆكۈلدى.

«كاتولىك جامائەت» تائامالار توغرىسىدا يەنە بەزى پەرھىزلەرنى كىرگۈزگىنى بىلەن (مەسىلەر، جۈمە كۈنى گۆش يېيىشكە بولمايدۇ) باشقا بەزى مەزھەپلەر خېلى كۆپ يېمەكلىك پەرھىزلىرىنى تەرغىب قىلماقتا. مەسىلەن، «ئادۋەنتىست جامائەت» («شاباتىستلار») كۆپ باشقا پەرھىزلەر ئارىسىدا چوشقا گۆشىنى يېمەسلىك، ھەتتا ھەرقانداق گۆشنى يېمەسلىك كېرەك، دەپ تەلىم بېرىدۇ؛ يېقىندىن بېرى ئاتالمىش «يېڭى دەۋر»نىڭ ئۇقۇملىرى دۇنيادىكى ئاز بولمىغان جامائەتلەرگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ھېچ گۆش ياكى بېلىقنى يېمەسلىك كېرەك دېگەن تەلىملەرنى ھاسىل قىلدى.

بىز باشقا يەرلەردە (مەسىلەن، «كورىنتلىقلارغا (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»دە) دېگەنلىرىمىزنى قايتىلايمىزكى، مەسىھگە ئېتىقاد باغلىغان كىشى نېمە يېيىمەن دېسە شۇنىڭغا ئەركىندۇر. ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ ئىش توغرۇلۇق تولۇق تەلىمىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «مار.» 1:4-23، ۋە «رىملىقلارغا» 14-باب، «1كور.» 8-بابنى كۆرۈڭ ۋە شۇنىڭدەك پاۋلۇسنىڭ تۆۋەندىكى (4-6-ئايەت) سۆزلىرىنى كۆرۈڭ: —

«چۈنكى خۇدا ياراتقان ھەممە نەرسە ياخشىدۇر، ئۇلار تەشەككۇر بىلەن قوبۇل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەكلەپ رەت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ سۆز-كالامى ۋە ئىنسانلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ھالال قىلىنىدۇ.

بۇ نەسىھەتلەرنى قېرىنداشلارنىڭ سەمىگە سالساڭ، مەسىھ ئەيسانىڭ ياخشى خىزمەتكارى بولغان بولىسەن. شۇنداقلا، ئۆزۈڭنىڭ ئەستايىدىل ئەگەشكەن ئېتىقادتىكى ۋە ساغلام تەلىملەردىكى سۆزلەر بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈلگەنلىكىڭ ئايان بولىدۇ».

تىموتىينىڭ جامائەتكە قانداق نەرسىلەرنى يېگىلى بولىدۇ دېگەن تەلىملەرنى يەتكۈزۈپ تەكىتلىشىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى بىزگە بەلكىم غەلىتە تۇيۇلىدۇ؛ ئەمما جامائەت خۇدانىڭ تەبىئىيتى توغرۇلۇق كامالەتكە يېتىلگەن چۈشەنچىگە ئېرىشمەي دېسە چوقۇم خۇدا ياراتقان ھەممە نەرسىنىڭ ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلىتىلىش يولى بار، دەپ چۈشىنىپ يەتمىسە بولمايدۇ. ئۇ قانداقمۇ ئۆزلىكىدىن مۇتلەق زىيان يەتكۈزىدىغان

مەلۇم بىر نەرسىنى يارىتاتتى؟ شۇڭا شاراب ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتسا بولىدۇ (23:5نى كۆرۈڭ). تاماكىنىڭ دورا ياساشتا پايدىلىق تەرىپى بار؛ لېكىن پاك ۋىجدانى بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ تاماكىنىڭ ئۆز تېنىگە زىيانلىق تەسىرىنى بىلىپ تۇرۇپ تاماكىنى يېقىپ، ئاسمانغا قاراپ خۇداغا رەھمەت ئېيتىپ ئاندىن ئۇنى چېكىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمىز! («چۈنكى خۇدا ياراتقان ھەممە نەرسە ياخشى، ئۇلار تەشەككۈر بىلەن قوبۇل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەكلەپ رەت قىلىشقا بولمايدۇ»). ھەتتا خېرىستىئان ناتوغرا يوللاردا ئىشلىتىلسە ئۇنىڭ ئەشەددىي ئاقىۋەتلىرى ھەممىمىزگە ئايان بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭمۇ تىبابەتچىلىكتە توغرا ئىشلىتىلىش يوللىرى بار. جىنسىي مۇھەببەت خۇدادىن كەلگەن سوۋغات؛ خۇدا بېكىتكەندەك نىكاھ قىلىنغان بىر-بىرىگە سادىق بولغان ئەر-ئايال ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئېلىش خۇدا تەمىنلىگەن ھالاۋەتتۇر ۋە ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ تەشەككۈر ئېيتىشىغا توغرا كېلىدۇ؛ ئەمما ھەركىم بۇ ھالاۋەتتىن نىكاھدىن سىرت ياكى نىكاھ ۋەدىلىرىنى بۇزۇپ باشقا كىشىنىڭ ئايالى بىلەن ئۇنداق ھوزۇر ئالسا ئۇ بەرىبىر خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

(14:4) «سەندە بولغان، جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرى قوللىرىنى ئۇچاڭغا قويغاندا، خۇدانىڭ ۋەھىيسى ئارقىلىق ساڭا ئاتا قىلىنغان ئىلتىپاتقا بىپەرۋالىق قىلما».

پاۋلۇس بىزگە بىۋاستە ئېيتمىغاچقا قانداق روھىي ئىلتىپاتنىڭ تىموتىيغا ئاتا قىلىنغانلىقى بىزگە تولۇق مەلۇم ئەمەس؛ ئەمما پاۋلۇس تىموتىيغا يازغان ئىككىنچى خېتىدە (1:6-8) ئۇ بۇ ئىلتىپاتنى مەسىھنى تېخى ئىشەنمىگەن كىشىلەرگە جاسارەتلىك جاكارلاش مۇناسىۋىتى بىلەن تەڭ تىلغا ئالغاچقا، بىز مەسىھنى جاركارلىغىنىنى تەستىقلايدىغان بىرخىل ئىلتىپات، دەپ قارايمىز. ئۇ مەسىھنى جاركارلىغاندا كۆرۈنگەن، ئالاھىدە «كېسەللىنى ساقايتىدىغان ئىلتىپات» ياكى ئاگاھلىغۇچىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلايدىغان كۈچلۈك بىرخىل ئالاھىدە ئىلتىپات بولۇشى مۇمكىن ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئاڭلىغۇچىلارغا ئوچۇق كۆرۈنەتتى. ئۇنداق ئىلتىپاتلار روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئۆزىدە كۆرۈنەتتى (مەسىلەن، «روس.» 8:13-12، 8:14-10، 7:28-10نى كۆرۈڭ). «تىموتىيغا (2)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئازراق توختىلىمىز.

(12:6) «ئېتىقادتىكى گۈزەل كۈرەشتە كۈچەپ كۈرەش قىل. مەڭگۈلۈك ھاياتنى چىڭ تۇتقىن. سەن دەل بۇنىڭغا چاقىرىلدىڭ ھەمدە ئۇنىڭ يولىدا نۇرغۇنلىغان گۇۋاھچىلار ئالدىدا بۇ ئېتىقادنىڭ گۈزەل شاھىتلىقىنى قىلدىڭ»

بىز ئاۋۋال «كۈرەش» دېگەن سۆز ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پاۋلۇس گرېك تىلىدىكى «ئاگون» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. «ئاگون» دېگەن سۆز ئەسلىدىكى «ئولىمپىك ئويۇنلار»دىكى ياكى شۇ دەۋردىكى باشقا ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئويۇندىكى «چېلىشىش مۇسابىقىسى»نى كۆرسىتەتتى. بۇ كۈرەشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى ئىنتايىن ئاددىي ئىدى — قىسقىسى، قائىدە-يوسۇنلىرى يوق ئىدى! ئىككى كۈرەشچى ھەرقانداق خالىغان ئۇسۇلدا بىر-بىرى بىلەن سوقۇشاتتى — مۇشتلاش، تېپىش، كۆز ئويۇش، تاتىلاش قاتارلىق ھەرقانداق تەدبىرلەرنى ئىشلەتكىلى بولاتتى؛ مۇسابىقە بىرىنىڭ ئەس-ھوشىدىن كېتىپ ياكى ئۆلۈپ يەردە يېتىشى، ئىككىنچىسىنىڭ غالىبانە تىك تۇرۇشى بىلەن ئاخىرلىشاتتى. مانا بۇ شۇ دەۋردىكى «مەدەنىيەتلىك» كىشىلەرنىڭ تەلەپ قىلىدىغان تاماشاسى! شۇڭا پاۋلۇسنىڭ «گۈزەل كۈرەش»نى تىلغا ئېلىشى بەلكىم بىزگە غەلىتە تۇيۇلىدۇ.

ئېتىقادچى كىشىدە بىر ئىش مۇقەررەردۇر؛ ئۇنىڭدىكى ئەشەددىي، ھېچقانداق قائىدە-يوسۇنلارغا قارىمايدىغان بىر دۈشمىنىمىز بار! ۋە ياكى ئۇ بىزنى يەرگە يىقىتىپ تۈگەشتۈرگۈچە ياكى ئۆزى تۈگەشكۈچە ھەرگىز توختىمايدۇ! مانا ئېتىقاد قىلغان بىزلەرنىڭ ھەممىمىز كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك بولغان «گۈزەل كۈرەش»تۇر؛ بىزنىڭ ئۆز تەدبىرىمىز بىزدىن ھەسسىلەپ ئەقىللىق ئۇنداق دۈشمەننى ئۇتۇۋېلىشقا يەتمەيدۇ. ھالبۇكى، بىزدە خۇدانىڭ روشەن كالامى بار: بىز خۇداغا ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇپ، ئىمان-ئىشەنچ ۋە مۇھەببەتتە ياشىساق، ئەمدى ئۇنىڭ شەيتانغا قارشى چىقىشتىكى تولۇق ھوقۇقى ۋۇجۇدىمىزدا بولىدۇ («ياق.» 7:4، «1پېت.» 5:5-9نى كۆرۈڭ). ئىشەنمىگەن ئادەملەرنىڭ مۇنداق روھىي كۈرەش توغرۇلۇق ھېچقانداق ئېڭى يوق؛ بۇ ئۇلارنىڭ دۈشمەنىنىڭ چاڭگىلىدا ۋە ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن بولغان، خالاس! (ئاخىردا قوشۇپ ئېيتىمىزكى، رىم ئىمپېرىيەسىدە پەقەت ئىنجىلدىكى گۇۋاھلىقنىڭ تەدرىجىي تەسىرى بىلەنلا ئاندىن زۇلمەتلىك «ئاگون» ئىمپېراتور تەرىپىدىن

مەنئى قىلىندى. لېكىن ھازىر «مەدەنىيەتلىك دەۋر»ىمىزدە كۆپ دۆلەتلەردە تاماشىبىنلار شۇنداق «تاماشا»نى تەلەپ قىلغاچقا، قايتىدىن تەدرىجىي پەيدا بولماقتا).

ئەمدى پاۋلۇسنىڭ «ئېتىقادنىڭ گۈزەل شاھدلىقى» دېگىنى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئاددىيراق جاۋاب بەرسەك، ئۇ خەق ئالدىدا «ئەيسا مەسىھ مېنىڭ رەببىم» دېگەننى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت. سۆزنى چۈشەندۈرۈشتە، بۇ ھەقىقەتنى باشقىلار ئالدىدا شۇنداق ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك؛ لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئېتىراپنى قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان كۆپ ئەھۋاللار چىقىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىز شۇنداق ئېتىراپ تۈپەيلىدىن بەلكىم ئادەملەرنىڭ ھاقارەتلەش، تەھدىت سېلىش، قارشىلىشىش، چەتكە قېقىش، زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇچرىشىمىز ياكى ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈشىمىزمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ توغرىسىدا ئەيسا مەسىھ ئېنىق سۆزلىدى: —

«چۈنكى كىمدەكىم بۇ زىناخور ۋە گۇناھكار دەۋر ئالدىدا مەندىن ۋە مېنىڭ سۆزلىرىمدىن نومۇس قىلسا، ئىنسانئوغلىمۇ ئاتىسىنىڭ شان-شەرىپى ئىچىدە مۇقەددەس پەرىشتىلەر بىلەن بىللە كەلگىنىدە، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدۇ».

(«مار.» 38:8، «لۇقا» 26:9).

تىموتىيغا كۆپ قېتىم شۇنداق «گۈزەل ئېتىراپ» (شاھدلىق)نى قىلغان دەپ ئىشەنچىمىز كامىل. ئەمما تۆۋەندىكى 13-ئايەتتە يەنە «گۈزەل شاھدلىق» تىلغا ئېلىنىدۇ، شۇنداقلا ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىمۇ بۇ «گۈزەل شاھدلىق»نى قىلغان دەپ بايقايمىز: —

(13:6) «ھەممىگە ھاياتلىق بېرىۋاتقان خۇدانىڭ ئالدىدا، شۇنداقلا پونتىئۇس پىلاتۇسقا گۈزەل شاھىتلىقنى قىلىپ گۇۋاھلىق بەرگەن مەسىھ ئەيسا...»

ئەمدى مۇشۇ ئايەت بويىچە «گۈزەل شاھدلىق (ئېتىراپ)»نى قىلغۇچى مەسىھ ئەيسا ئۆزى بولغاندىن كېيىن، بۇنى پەقەت «ئەيسا مەسىھ مېنىڭ رەببىم» دېگەن سۆزنى كۆرسىتىدۇ، دېيىشىمىز بىلەن تولۇق چۈشىنىپ يەتتۇقمۇ؟

بەزىلەر، ئەيسا مەسىھنىڭ «گۈزەل شاھدلىق (ئېتىراپ)» دېگىنى پونتىئۇس

پىلاتۇسنىڭ: «سەن يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىمۇسەن؟» دېگەن سوئالىغا بولغان تەستىقىي جاۋابىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ («مات.» 11:27، «مار.» 2:15، «لۇقا»3:23، «يۇھ.» 33:18-37نى كۆرۈڭ). بىز بۇ پىكىرگە ئومۇمەن قوشۇلىمىز، ئەمما ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدا خۇدائاتىسىنى ھەممە باشقا ھوقۇق-مەنسەپتىن — جۇملىدىن ۋالىي پىلاتۇس ۋە رىم ئىمپېراتورى قەيسەردىن ئۈستۈن، ھەممىدىن ئادىل، ھەممىدىن ھەققانىي، ھەممىدىن ھەقىقىي دەپ ئۇلۇغلاپ، خۇدادىن باشقا بىرسىنىڭ تەلەپلىرىنى خۇدانىڭ تەلەپلىرىدىن ئۈستۈن قويىمىغانلىقىنى بىلدۈردى، دەپ كۆرسەتمىسەك بولمايدۇ (بولۇپمۇ «يۇھ.» 36:18، 10:19-11نى كۆرۈڭ). بۇنداق جاۋاب ئىمپېراتورنى «ھەممىدىن ھەققانىي» ۋە «رەب» دەپ قارىغان رىم قانۇنى ئالدىدا «كۇپۇرلۇق» دەپ ھېسابلىناتتى.

شۇنىڭدەك «گۈزەل ئېتىراپ (شاھىتلىق)» — ھېچ ئادەمدىن ياكى ھېچ ئىنسانىي ھوقۇقتىن قورقماي مەسىھ ۋە خۇدانى ھەممە باشقىلاردىن ئۈستۈن ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. روسۇل پېترۇس ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە تەھدىت سالغان يەھۇدىي «باش كاھىنلار» ئالدىدا مەسىھنىڭ ھوقۇقى توغرۇلۇق شۇنداق بىر ئېتىراپنى قىلغان: — «بىز ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى خۇداغىلا ئىتائەت قىلىشىمىز كېرەك!» («روس.» 29:5). ئۇنداق سەممىي ۋە جاسارەتلىك ئېتىراپ قىلغانلارغا ئاتا قىلىنىپ مەھرۇم قىلىنمايدىغان مۇقەررەر نەتىجە دەل مەڭگۈلۈك ھايات بولىدۇ.

# ئىنجىل 16-قىسىم

# «تىموتىيغا «2»»

# روسۇل پاۋلۇسنىڭ تىموتىيغا يازغان ئىككىنچى مەكتۇپى

## كىرىش سۆز

پاۋلۇسنىڭ كېيىنكى يىللىرىدىكى مۇھىم ئىشلىرىنىڭ تەرتىپى، شۇنداقلا قېرىندىشى تېموتېئۇسقا «ئوغلۇم» دەپ يازغان ئىككى خەتنىڭ ھەم تىتۇسقا يازغان خەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق تۆۋەندىكىدەك قىياسىمىز بەلكىم ئوقۇرمەنلەرگە قىزىق تۇيۇلار. روسۇلنىڭ ئىلگىرىكى «زىندانىدىكى خەتلىرى» (يەنى «ئەفەسۇس، فىلىپپى ۋە كولوسسىدىكى جامائەتلەرگە ۋە فىلېمونغا يازغان تۆت خېتى) مىلادىيە 63-يىللىرىدا يېزىلغان، دەپ قارايمىز؛ بۇ خەتلەردە ئىپادىلىگەن ئىشەنچتىن قارىغاندا، ئۇ زىنداندىن قويۇپ بېرىلگەن، ئاندىن قايتىدىن تۇتۇلۇپ زىندانغا قامالغۇچە يەنە بىرنەچچە قېتىم ئۇزۇن سەپەرگە چىققان.

ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قىلغان بەزى سەپەرلىرىنى خەتلىرىدىكى بەزى سۆزلەردىن ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. ئۇلار توغرىسىدىكى قىياسىمىز تۆۋەندىكىدەك. ئوقۇرمەنلەر ئۆزى بەلكىم پاۋلۇسنىڭ كېيىنكى يىللىرىدىكى ۋەقەلەر توغرۇلۇق باشقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى خەتلىرىدىكى تەپسىلاتلاردىن بايقىشى مۇمكىن.

(1) زىنداندىن قويۇپ بېرىلىپ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن كرېت ئارىلىغا بېرىپ، قېرىنداشنى تىتۇسنى شۇ يەردە قالدۇردۇ («تىت.» 5:1)

(2) ئاندىن ئەفەسۇس شەھىرىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ ئاندىن تىموتىينى شۇ يەردە قالدۇردۇ («1تىم» 4:3)

(3) شۇ يەردىن قېرىنداشى فىلېموننى يوقلاش ئۈچۈن كولوسسى شەھىرىگە بارغان بولۇشى مۇمكىن («فلم.» 22:1)

(4) ئۇ ماكېدونىيە ئۆلكىسىگە باردۇ. شۇ يەردە ئۇ چوقۇم فىلىپپى شەھىرىدىكى جامائەتنى يوقلىغان بولسا كېرەك («فىل.» 24:2).

(5) ماكېدونىيە ئۆلكىسىدە بولغان ۋاقتىدا ئۇ ئەفەسۇستا قالدۇرۇلغان تىموتىيغا بىر پارچە خەت، كرېتتە قالدۇرۇلغان تىتۇسقا بىر پارچە خەت يازدۇ. تىتۇسقا يازغان خېتىدە ئۇ نىكوپولىس شەھىرىدە قىشنى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ («تىت.» 12:3). بۇ شەھەر گرېتسىيەنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېپىرۇس ئۆلكىسىدىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقاندى. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ تىتۇستىن يېنىمغا كەل، دەپ تەلەپ قىلغانىن كېيىن، تىتۇس شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك («تىت.» 12:3).

(6) پاۋلۇس ئىلگىرى رىمدىكى جامائەتكە يازغان خېتىدە، ئىسپانىيەگە بېرىپ شۇ يەردە خۇش خەۋەرنى تارقىتىمەن دېگەن كۈچلۈك ئۈمىدىنى بىلدۈرگەندى. شۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇ قىشتىن كېيىنكى ئەتىيازدا (قىشتا «ئوتتۇرا دېڭىز»دا دېڭىز بىلەن مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى) ئىسپانىيەگە ئۇزۇن سەپەر قىلغان بولسا كېرەك. كېيىنكى ئەسىردە كلېمەنت ئىسىملىك بىر تەلىم بەرگۈچى كورىنتتىكى جامائەتكە خەت يېزىپ: «قېرىندىشىمىز روسۇل پاۋلۇس ئىمپېرىيەنىڭ غەربىدىكى ئەڭ چەت رايونلاردا خۇش خەۋەر تارقاتتى» دەپ گۇۋاھلىق بەردى. «ئەڭ چەت رايونلار» بەلكىم پەقەت ئىسپانىيە ئەمەس، بەلكى گائۇل ياكى ھەتتا برىتانىيە (ئەنگلىيە)نىمۇ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

(7) ئىسپانىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ۋەدە بەرگىنىدەك تىموتىينى يوقلاش ئۈچۈن چوقۇم ئەفەسۇس شەھىرىگە سەپەر قىلىدۇ («1تىم» 14:3، 15)

(8) ئۇ شۇ رايوندا تۇرغان مەزگىلدە يېقىن ئەتراپتىكى شەھەر مىلېتۇسقا بارغان بولسا كېرەك. شۇ يەردە قېرىنداش تروفىمۇس كېسەل بولۇپ قالغاچقا، پاۋلۇسنىڭ ئۇنى شۇ يەردە قالدۇرۇشتىن باشقا ئامالى بولمىغاندۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ كورىنتتىكى جامائەت بىلەنمۇ ئالاقىلاشقان («2تىم» 20:4).

(9) ئەفەسۇستىن ئۇ تروئاس شەھىرىگە بارىدۇ. بەلكىم ئۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا يۈرگىنىدە رىم ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بولسا كېرەك (بۇ ئىش بەلكىم بىرسىنىڭ قارا چاپلىشى بىلەن — مىسكەر ئىسكەندەر تەرىپىدىن بولۇشى مۇمكىن — «2تىم» 4:14-15) . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يېپىنچا ۋە كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىشكە پۇرسەت چىقمىغان («2تىم» 4:13).
(10) شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس كىشەنلەنگەن مەھبۇس ھالىتىدە رىم شەھىرىگە كەلدى. شۇ چاغدا ساراڭ ئىمپېراتور نېرو مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا قاتتىق زىيانكەشلىك قىلماقتا ئىدى. ۋاقىت مىلادىيە 68-يىلى ئىدى. ئۇ چاغدا پاۋلۇس زىنداندا تىموتىيغا ئۇشبۇ خەتنى يازدى.

پاۋلۇس رىمدا ئالدىنقى قېتىم مەھبۇس بولغان ئاخىرقى ئىككى يىلدا نەزەربەنت ئاستىدا بولۇپ، ئۆزى ئىجارىگە ئالغان ئۆيدە تۇرغان. بىراق ئۇ ھازىر قورقۇنچلۇق زىنداندا ياتىدۇ. ئۇ زىنداندىكى سوغۇق كامېرغا سولاقلىق بولۇپ تىموتىيدىن كەلگىنىدە يېپىنچىسىنى ئالغاچ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ (14:3). ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىملىق سوت قىلىندى. ئىككىنچى قېتىملىق سوت قىش پەسلىدە ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنلا بېكىتىلگەن بولسا كېرەك (21:4). بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولدى؛ رەببىمىز ئەيسا خېلى بالدۇر ئۇنىڭغا ئايان قىلغىنىدەك، ئۇ رىم ئىمپېرىيەسى ئالىي سوتىدا گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەكلىكىنى («روس.» 11:23) ۋە رەببىنىڭ نامى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئېغىر ئىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەكلىكىنى بىلدى («روس.» 16:9). شۇنىڭ بىلەن ئۇ پات ئارىدا ئىمپېراتورلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ رەھىمسىز بولغان «ئالۋاستى نېرو» ئالدىدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدى (6:4).

ئەمدى ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن بۇ ئادەم نېمە توغرۇلۇق يازىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى ھەم روھىنىڭ رەب ئەيسانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە ھېچ گۇمانى يوق ئىدى. بۇ خېتىدە ئىپادىلەنگەن چوڭ غەملىرىنى ئۈچ دېيىشكە بولىدۇ: —
(1) خۇدا ئۆزىگە تاپشۇرغان «ئامانەت» بولغان قىممەتلىك ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنىڭ ساقلىنىشى؛

(2) ئۆز كۆڭدىكى ئالەمشۇمۇل جامائەتنىڭ ساق-سالامەت بولۇشى ۋە ئالغا بېسىشى؛

(3) ھالاكەتكە كېتىۋاتقان، خۇش خەۋەرنى تېخى ئاڭلىمىغانلارغا ۋە شۇنىڭدەكلەرگە ئۇنى جاكارلاش. پاۋلۇس ئۆزى دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا تۇرغاچقا، بۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چوڭراق بىر قىسمى تىموتىينىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى.

(1) «ئامانەت» بولغان ھەقىقەتلەرنىڭ ساقلىنىشى — دېمەك، ئۇنىڭ جامائەتنىڭ ئۇلارنى قولدىن بەرمەسلىكىگە بولغان غېمى. بۇ قىممەتلىك ھەقىقەتلەر پاۋلۇسقا «ئېشىپ تاشقان ھالدا» تاپشۇرۇلغان. ئۇلار «خۇش خەۋەر»دە يەكۈنلەنگەن خۇدانىڭ تولۇق نىجات پىلانى، مەسىھنىڭ ئۆز سالاھىيىتى، مەسىھ ۋە جامائىتى، يەھۇدىي خەلقى ۋە يېڭى ئاسمان-زېمىن توغرۇلۇق قىممەتلىك ۋەھىيلەردىن ئىبارەت. پاۋلۇس ئۇلارنىڭ ساقلىنىشىغا ئىشىنىدۇ (9:1) ۋە تىموتىيغا ئاۋۋال ئۆزى بۇ «ئامانەت»نى چىڭ تۇتۇپ قولدىن بەرمەسلىكنى، ئاندىن بۇ ئامانەتنى تاپشۇرغۇدەك باشقا «سادىق ئادەملەر»نى تېپىشنى جېكىلەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرى ئامانەتنى باشقىلارغا تاپشۇرالايدۇ؛ شۇنداق قىلىپ بۇگۈنگە قەدەر بۇ «ئامانەت» ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ساقلىنىش پەقەت ئامانەتنىڭ «سادىق ئادەملەر»دىن «سادىق ئادەملەر»گە تاپشۇرۇلىشى بىلەن بولىدۇ؛ لېكىن ھەتتا «سادىق ئادەملەر» كەم بولسىمۇ، ھەربىر يېڭى دەۋردىكى ئېتىقادچىلار ئىنجىلدا ساقلىنىپ كەلگەن، روسۇللارنىڭ يازمىلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بۇ قىممەتلىك ھەقىقەتلەرنى بايقاپ ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ؛ پەقەت ئۇلار كەمتەرلىك بىلەن مۇقەددەس روھنىڭ يورۇتۇشلىرىنى ئىزدىسە شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى مۇقەددەس روھنىڭ ئۆزى روسۇللارنى شۇلارنى يېزىشقا ۋەھىي بەرگۈچى ئەمەسمۇ؟

(2) ئالەمشۇمۇل جامائەتنىڭ ساق-سالامەت بولۇشى. پاۋلۇس بەش يىل ئىلگىرى تىموتىيغا بېشارەت بەرگەن ئىشلار — («ئېتىقادتىن يېنىش»، يەنى «چوڭ يېنىش» «1تىم» 4:1-5) ئاللىقاچان يۈز بېرىشكە باشلىغانىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، بىرىنچى خېتىنى يازغان ۋاقتتا (مىلادىيە 63-يىلى) پاۋلۇس تىموتىينى ئەفەسۇس شەھىرىدىكى چوڭ جامائەتكە قاراشقا قالدۇرغانىدى. شۇ چاغدا جامائەتتە نەچچە مىڭ ئادەم بولسا كېرەك؛ تىموتىينىڭ ۋەزىپىسى، ئۇلار ئارىسىدا پەيدا بولغان زىيانلىق تەلىملەرگە رەددىيە بېرىش ۋە جامائەت ئالدىدا ئۈلگە بولۇش، بولۇپمۇ «ئاقساقال»نىڭ قانداق يۈرۈش-تۇرۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ خەتتە تىموتىينىڭ ئەفەسۇس جامائىتىگە ئاقساقال دەپ بېكىتىلگەنلىكى ئېيتىلمايدۇ؛ ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى مۇمكىن

بولسا شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، مۇۋاپىق ئادەملەرنى تېپىپ ئاقساقاللىققا بېكىتىش ئىدى. مۇنداق كۆيۈمچان پەرۋىشلەر بولغان بولسىمۇ، «كىچىك ئاسىيا» (هازىرقى تۈركىيە) دىكى جامائەتلەر قالايمىقانچىلىققا چۆمۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. كۆپىنچىسى پاۋلۇستىن ۋاز كەچكەن (15:1)؛ ئەمما پاۋلۇس ئۆزى ئۇلارنى چەتكە قېقىپ تاشلىغىنى يوق؛ ئۇ ئۇلار مېنى چەتكە قاقتى دېگىنى بىلەن، ئۇلارغا كەڭ قورساقلىق قىلىپ، مەسىھنى چەتكە قاقتى، دېمەيدۇ. شۈبھىسىزكى «كىچىك ئاسىيا»دىكىلەر ئارىسىدا پاۋلۇسنى سۆيىدىغانلار يەنە بار ئىدى؛ (16:1-ئايەتتە تىلغان ئېلىنغان) ئونېسىفور شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى.

پاۋلۇس بەربىر يۇقىرىقى كەڭچىلىك بىلەن ئاسىيادىكى كۆپ جامائەتلەرنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالىغا قارىماي تىموتىينى جامائەتكە قارىغۇچى ۋە تەلىم بەرگۈچى بولۇش سۈپىتىدە جاپا تارتىپ، خۇدانىڭ خەلقىنىڭ مالىمانچىلىقتىن خالىي بولۇشى ئۈچۈن ياردەمدە بولۇپ مۇھەببەت ئىچىدە ئۇلارغا ھەقىقەتنى مۇرەسسەسىز هالدا جاكارلاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ (24:2).

(3) خۇش خەۋەرنى هالاكەتكە كېتىۋاتقانلارغا جاكارلاش. جامائەت مالىمانچىلىقتا، جىددىي ياردەمگە موھتاج بولغان چاغلاردا خۇش خەۋەرنى تېخى ئاڭلىمىغان، جامائەتنىڭ سىرتىدا تۇرغانلارنى ئۇنتۇشنىڭ خەۋپى بار، ئەلۋەتتە. پاۋلۇس تىموتىيغا مەسىھنى جاكارلاشتىكى ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە رىغبەتلەندۈرىدۇ؛ خۇدا ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشقا ئالاھىدە بىر روهىي ئىلتىپات بەرگەندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك (6:1-8).

بۇ ئىشلار ۋە هازىرقى زامانىمىزدىكى قىيىنچىلىقلاردا ئىلھام-كۈچ بېرىدىغان بەزى ھەقىقەتلەر ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە توختىلىمىز.

## مەزمۇن: -

1-باب: «خۇش خەۋەر»نىڭ ئامانىتىنى قولدىن بەرمەسلىكنى تاپىلاش؛ (1:14نى كۆرۈڭ)

2-باب: «خۇش خەۋەر» ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەتكە چىداشنى تاپىلاش؛ (2:3، 8-9نى كۆرۈڭ)

3-باب: «خۇش خەۋەر»دە داۋاملىق تۇرۇشنى تاپىلاش؛ (3:13-14نى كۆرۈڭ)

4-باب: «خۇش خەۋەر»نى جاكارلاشنى تاپىلاش؛ (4:1-2نى كۆرۈڭ)

# تىموتىيغا «2»

## روسۇل پاۋلۇس تىموتىيغا يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ

1 [2-1]مەسىھ ئەيسادا ۋەدە قىلىنغان ھاياتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن،
خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ روسۇلى بولغان
مەنكى پاۋلۇستىن سۆيۈملۈك بالام تىموتىيغا سالام: خۇدائاتىمىزدىن
ۋە رەببىمىز مەسىھ ئەيسادىن ساڭا مېھىر-شەپقەت، رەھىمدىللىق
ۋە خاتىرجەملىك بولغاي! [3] مەن ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ ئىزىنى بېسىپ
ساپ ۋىجدانىم بىلەن خىزمىتىنى قىلىۋاتقان خۇداغا تەشەككۈر
ئېيتىمەن، چۈنكى كېچە-كۈندۈز دۇئالىرىمدا سېنى توختاۋسىز
ئەسلەپ تۇرىمەن؛ [4]كۆز ياشلىرىڭنى ئەسلىگىنىمدە، شادلىققا
چۆمۈشۈم ئۈچۈن سەن بىلەن يەنە دىدارلىشىشقا قاتتىق تەلپۈنۈپ
يۈرمەكتىمەن؛ [5] چۈنكى سېنىڭدە بولغان ساختىلىقسىز ئېتىقاد
ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ ئېتىقاد ئەڭ ئاۋۋال موماڭ لوئىستا، ئاندىن
ئاناڭ ئەۋنىكىدە بار بولغان، ئەمدى ھازىر سەندىمۇ بار ئىكەن دەپ
خاتىرجەمدۇرمەن.
[6]شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇنى قايتىدىن ساڭا ئەسلىتىمەنكى،
قوللىرىمنى ئۈچاڭغا قويۇشۇم بىلەن سەندە بولغان، خۇدا ساڭا

---

2-1:1 «ئەيسا مەسىھنىڭ روسۇلى بولغان مەنكى پاۋلۇستىن سۆيۈملۈك بالام تىموتىيغا **سالام»** ــ دېمىسەكمۇ، تىموتىي پاۋلۇسنىڭ «روھىي جەھەتتە» ئوغلى ئىدى.

**2-1:1** گال. 1:3؛ 1تىم. 2:1؛ 1پېت. 2:1.

**3:1** روس. 3:22؛ رىم. 9:1؛ 1تېس. 2:1؛ 10:3.

تەقدىم قىلغان ئىلتىپاتنى قايتىدىن يالقۇنلىتىپ جارى قىلغىن.
[7] چۈنكى خۇدا بىزگە قورقۇنچاقلىقنىڭ روھىنى ئەمەس، بەلكى بىزگە
كۈچ-قۇدرەتنىڭ، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ۋە سالماقلىقنىڭ روھىنى
تەقدىم قىلدى. [8] شۇڭا رەببىمىز ھەققىدىكى خەۋەر-گۇۋاھلىقتىن،
ياكى ئۇنىڭ مەھبۇسى بولغان مەندىن نومۇس قىلما. ئەكسىچە،
خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن خۇش خەۋەرنى جاكارلاش يولىدىكى
خارلىق-مۇشەققەتنى ئۆز ھەسسەڭ بويىچە ئورتاق تارتقىن؛ [9] خۇدا
بىزنى ئۆز ئەمەللىرىمىزگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئۆز مۇددىئاسى
ۋە مېھىر-شەپقىتىگە ئاساسەن قۇتقۇزۇپ، پاك-مۇقەددەس چاقىرىقى
بىلەن چاقىردى؛ ئۇنىڭ بۇ مېھىر-شەپقىتى ھەممە دەۋر-زامانلاردىن
ئىلگىرىلا مەسىھ ئەيسادا بىزگە بېغىشلانغاندۇر؛ [10] لېكىن بۇ مېھىر-
شەپقەت قۇتقۇزغۇچىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كېلىشى بىلەن ھازىر
ئايان بولدى؛ ئۇ ئۆلۈمنى بىكار قىلىۋېتىپ، خۇش خەۋەر ئارقىلىق

---

6:1 **«قوللىرىمنى ئۈچاڭغا قويغىنىم بىلەن سەندە بولغان، خۇدا ساڭا تەقدىم قىلغان ئىلتىپات»** ــ ئىشىنىمىزكى، بۇ دەل 1-خەتتە («1تىم.» 4:14-15) تىلغا ئېلىنغان روھىي ئىلتىپاتتىن باشقا ئىش ئەمەس. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**6:1** روس. 6:6؛ 8:17؛ 13:3؛ 19:6؛ 1تىم. 4:14؛ 5:22.

**7:1** رىم. 8:15.

8:1 **«شۇڭا رەببىمىز ھەققىدىكى خەۋەر-گۇۋاھلىقتىن، ياكى ئۇنىڭ مەھبۇسى بولغان مەندىن نومۇس قىلما»** ــ پاۋلۇس بۇ مەكتۇپنى يازغاندا رىمدىكى زىنداندا ياتاتتى. شۈبھىسىزكى، رىملىقلار پاۋلۇسنى «بىزنىڭ مەھبۇسىمىز» دەپ ئويلايتتى ــ لېكىن پاۋلۇس ئىشقا باشقىچە قارايتتى. رىملىقلارنىڭ ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغىنى خۇدانىڭ ئىرادىسى بولۇپ، شۇ ئىش بىلەن «يات ئەللىكلەر»دىن بولغان ئىشەنگۈچىلەرنىڭ كۆپ پايدا كۆرىدىغانلىقىغا پاۋلۇسنىڭ كۆزى يەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ «مەن رەببىنىڭ مەھبۇسى» دەيدۇ. **«خۇش خەۋەرنى جاكارلاش يولىدىكى خارلىق-مۇشەققەتنى ئۆز ھەسسەڭ بويىچە ئورتاق تارتقىن»** ــ گرېك تىلىدا بەلكىم «ئۆز ھەسسەڭ بويىچە **بىرگە** تارتقىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. دېمەك، ھەر دەۋردە ئېتىقادچىلار تارتىشقا تېگىشلىك ئوقۇبەت-مۇشەققەت بار؛ تىموتىينىڭ پاۋلۇس (ۋە باشقا ئېتىقادچىلار) بىلەن بىرگە مەلۇم دەرىجىدە «ئۆز ھەسسىسى بويىچە» ئوقۇبەت-مۇشەققەت تارتىشىغا توغرا كېلىدۇ.

**8:1** روس. 21:33؛ رىم.1:16؛ ئەف. 3:1؛ 4:1؛ كول. 4:18؛ فلم. 1:1، 9، 13.

**9:1** ئەف. 1:3؛ تىت. 3:4، 5، 6.

**ھاياتلىق ۋە چىرىماسلىقنى يورۇقلۇقتا ئايان قىلدى. [11] مەن بولسام
ئەللەرگە بۇ خۇش خەۋەرنىڭ جاكارچىسى، روسۇلى ۋە تەلىم بەرگۈچىسى
بولۇپ تەيىنلەنگەن. [12] مەن شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى بۇ خارلىق-
مۇشەققەتلەرنى تارتماقتىمەن. لېكىن بۇنىڭدىن نومۇس قىلمايمەن؛
چۈنكى مەن كىمگە ئېتىقاد قىلغانلىقىمنى بىلىمەن ھەمدە ئۇنىڭ
ماڭا تاپشۇرغان ئامانىتىنى شۇ كۈنگىچە ساقلىيالايدىغانلىقىغا
قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈلدۈم. [13] مەندىن ئاڭلىغان ساغلام
تەلىم سۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك بىر ئۈزۈندىسىنى ساقلاپ، مەسىھ
ئەيسادا بولغان مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد بىلەن چىڭ تۇتقىن؛ [14] بىزدە
ماكانلاشقان مۇقەددەس روھقا تايىنىپ ساڭا تاپشۇرۇلغان شۇ گۈزەل
ئامانەتنى ساقلا.**

---

**10:1** يەش. 8:25؛ رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ كول. 26:1؛ تىت. 2:1؛ ئىبر. 14:2؛ 1پېت. 20:1.

11:1 **«مەن بولسام ئەللەرگە بۇ خۇش خەۋەرنىڭ جاكارچىسى، روسۇلى ۋە تەلىم بەرگۈچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن»** ــ «ئەللەر» بولسا «يات ئەللىكلەر»، «يەھۇدىي ئەمەسلەر».

**11:1** روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 15:1؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2.

12:1 **«... ھەمدە ئۇنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ئامانىتىنى شۇ كۈنگىچە ساقلىيالايدىغانلىقىغا قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈلدۈم»** ــ «ماڭا تاپشۇرۇلغان ئامانەت» بىزنىڭچە خۇدا پاۋلۇسقا جامائەتنى دەپ تاپشۇرغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ۋەھىيلەرنى كۆرسىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
—«شۇ كۈن» ــ ئەيسا دۇنياغا قايتىدىغان كۈننى كۆرسىتىدۇ. پاۋلۇسنىڭ كۆزقارىشىدا پەقەت بىرلا كۈن مۇھىمدۇر، ئۇ دائىم ئۇ كۈننى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى «شۇ كۈن» دەيدۇ.
—ئۇشبۇ ئايەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى «ھەمدە مېنىڭ خۇداغا ئامانەت قىلغانلىرىمنى رەببىمىز قايتا كەلگەن كۈنگىچە («شۇ كۈنگىچە») چوقۇم قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

**13:1** 2تىم. 14:3.

14:1 **«بىزدە ماكانلاشقان مۇقەددەس روھقا تايىنىپ ساڭا تاپشۇرۇلغان شۇ گۈزەل ئامانەتنى ساقلا»** ــ يۇقىرىدا 12-ئايەتتىكى ئىزاھاتتا ئېيتقىنىمىزدەك، «ساڭا تاپشۇرۇلغان گۈزەل ئامانەت» مۇقەددەس روھ جامائەتكە يەتكۈزمەكچى بولغان، خۇدا ئۆزىنىڭ نىجاتلىق پىلانى ۋە جامائەت توغرۇلۇق ۋەھىي قىلىنغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[15] سەن بىلگىنىڭدەك، ئاسىيا ئۆلكىسىدىكى ئېتىقادچىلارنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەك مەندىن يۈز ئۆرىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فىگېلۇس
ۋە خېرموگېنېسمۇ بار. [16] رەب ئونېسىفورنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىگە
رەھىم-شەپقەت كۆرسەتكەي. چۈنكى ئۇ مېنىڭ مەھبۇس
بولغانلىقىمدىن ھېچ نومۇس قىلماي كۆپ قېتىم مېنى يوقلاپ
سۆيۈندۈردى. [17] ئۇ رىم شەھىرىگە كەلگىنىدە مېنى تاپقۇچە كۆپ
ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپتۇ. [18] رەب شۇ كۈنىدە ئۇنى ئۆزىدىن رەھىم-شەپقەتكە
مۇيەسسەر قىلغاي؛ ئۇنىڭ ئەفەسۇس شەھىرىدە ماڭا كۆرسەتكەن
خىزمەتلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسەن.

## مۇشەققەتكە قارىماي رەبنىڭ خىزمىتىدە بولۇش

2 [1] شۇڭا ئەي ئوغلۇم، سەن مەسىھ ئەيسادا بولغان مېھىر-شەپقەتكە
تايىنىپ كۈچلۈك بول؛ [2] ۋە سەن كۆپ گۇۋاھچىلار ئالدىدا مەندىن
ئاڭلىغانلىرىڭنى ھەم ئىشەنچلىك ھەمدە باشقىلارغىمۇ تەلىم

---

15:1 **«ئاسىيا ئۆلكىسىدىكى ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەندىن يۈز ئۆرىدى»** — بۇ يەردىكى «ئاسىيا ئۆلكىسى» ھازىرقى تۈركىيەنىڭ غەربىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. «ئاسىيا ئۆلكىسىدىكى ئېتىقادچىلار» شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئېتىقادچىلارنى كۆرسىتىدۇ؛ بەزى ئالىملار بۇ سۆزنى پەقەت رىم شەھىرىدە تۇرغان، ئەسلىدە زىنداندا ياتقان پاۋلۇسقا مەدەت بېرىمىز دەپ ۋەدە بەرگەن ئاسىيا ئۆلكىسىدىن كەلگەن بەزى قېرىنداشلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. گرېك تىلىدا «ئاسىيا ئۆلكىسىدە («ئۆلكىسىدىن» ئەمەس) بولغانلارنىڭ ھەممىسى مەندىن يۈز ئۆرىدى» دېيىلگەچكە، بىز ئۇنداق قارىمايمىز.

— بۇ مۇھىم ۋەقە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**15:1** روس. 10:19.

16:1 **«ئۇ مېنىڭ مەھبۇس بولغانلىقىمدىن ھېچ نومۇس قىلماي كۆپ قېتىم مېنى يوقلاپ سۆيۈندۈردى»** — «مەھبۇس بولغانلىقىمدىن» گرېك تىلىدا «مېنىڭ زەنجىر-كىشەنلىرىمدىن...» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**16:1** 2تىم. 4:19.

18:1 **«رەب شۇ كۈنىدە ئۇنى ئۆزىدىن رەھىم-شەپقەتكە مۇيەسسەر قىلغاي»** — «شۇ كۈنى» ئەيسا دۇنياغا قايتىدىغان كۈننى كۆرسىتىدۇ. 12-ئايەتتىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**بىرەلەيدىغان ئادەملەرگە ئامانەت قىلغىن. [3] ئەيسا مەسىھنىڭ**
**ياخشى جەڭچىسى بولۇش سۈپىتىدە، خارلىق-مۇشەققەتنى ئۆز**
**ھەسسەڭ بويىچە ئورتاق تارتقىن. [4] جەڭچى بولغان كىشى ئۆزىنى**
**ئەسكەرلىككە تىزىملىغان سەردارىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئادەتتىكى**
**تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئۆزىگە ھەلەك قىلىۋالماسلىقى كېرەك.**
**[5] مۇسابىقىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىمۇ مۇسابىقە قائىدىلىرىگە**
**رىئايە قىلمىسا، غەلىبە تاجىغا ئېرىشەلمەيدۇ. [6] ئەجىر سىڭدۈرگەن**
**دېھقان ھوسۇلدىن بىرىنچى بولۇپ بەھرىمەن بولۇشى تېگىشلىكتۇر.**
**[7] بۇ سۆزلىرىم ئۈستىدە ياخشى ئويلا، شۇنىڭ بىلەن رەب ساڭا ھەممە**
**ئىشتا يورۇتىدۇ.**
**[8] سەن داۋۇتنىڭ نەسلى بولغان، ئۆلۈمدىن تىرىلگەن ئەيسا مەسىھنى**
**مەن يەتكۈزۈۋاتقان خۇش خەۋەر بويىچە ئېسىڭدە چىڭ تۇت. [9] بۇ خۇش**

---

2:2 **«... سەن كۆپ گۇۋاھچىلار ئالدىدا مەندىن ئاڭلىغانلىرىڭنى ھەم ئىشەنچلىك ھەمدە باشقىلارغىمۇ تەلىم بېرەلەيدىغان ئادەملەرگە ئامانەت قىلغىن»** ــ نېمىشقا پاۋلۇس «كۆپ گۇۋاھچىلار ئالدىدا مەندىن ئاڭلىغانلىرىڭ» دەيدۇ؟ بۇ «گۇۋاھچىلار»نىڭ نېمە ئەھمىيتى بار؟ ئويلىشىمىزچە: (1) گەرچە ئېتىقادتا كۆپ «چوڭقۇر سىرلار» بولسىمۇ، بۇ سىرلارنىڭ ھەممىسى توغرۇلۇق ئىنجىلدىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ؛ ھەقىقىي ئېتىقادتا ھېچقانداق «مەخپىي تەلىم»لەر ۋە «ئاز ساندىكى ئالاھىدە ئادەملەرگە ۋەھيي قىلىنغان» تەلىملەر يوقتۇر؛ (2) مۇشۇ ئېتىقادچى گۇۋاھچىلار پاۋلۇس ۋە باشقا روسۇللارنىڭ تەلىملىرىنىڭ بىرخىل ئىكەنلىكىگە ئىسپات بېرەلەيتتى.

**2:2** تت. 5:1.

3:2 **«ئەيسا مەسىھنىڭ ياخشى جەڭچىسى بولۇش سۈپىتىدە، خارلىق-مۇشەققەتنى ئۆز ھەسسەڭ بويىچە ئورتاق تارتقىن»** ــ (1:8دە ئېيتىلغاندەك) «ئۆز ھەسسەڭ بويىچە تارتقىن» ــ گرېك تىلىدا «ئۆز ھەسسەڭ بويىچە **بىرگە** تارتقىن». دېمەك، ھەر دەۋردە ئېتىقادچىلار تارتىشقا تېگىشلىك خارلىق-مۇشەققەت بار؛ تىموتىينىڭ پاۋلۇس (ۋە باشقى ئېتىقادچىلار) بىلەن بىرگە مەلۇم دەرىجىدە خارلىق-مۇشەققەت تارتىشىغا توغرا كېلىدۇ.

**4:2** 1كور. 25:9.

5:2 **«مۇسابىقىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىمۇ مۇسابىقە قائىدىلىرىگە رىئايە قىلمىسا، غەلىبە تاجىغا ئېرىشەلمەيدۇ»** ــ «مۇسابىقە قائىدىلىرى» ــ كونا زامانلاردا بۇ «قائىدىلەر» ھەم مۇسابىقىنىڭ ئۆزىنى ۋە مۇسابىقىگە بولغان تەييارلىق-تەربىيىلەشلەرنىمۇ باشقۇراتتى.

**6:2** 1كور. 10:9.

8:2 **«داۋۇتنىڭ نەسلى بولغان، ئۆلۈمدىن تىرىلگەن ئەيسا مەسىھ»** ــ «داۋۇت» بولسا

خەۋەرنى دەپ كۆپ خارلىق-مۇشەققەت چېكىپ، ھەتتا جىنايەتچى
ھېسابلىنىپ كىشەنلىنىپ ياتىمەن. ھالبۇكى، خۇدانىڭ سۆز-كالامى
ھېچ كىشەنلەنمەيدۇ! [10] ئەمدى مەن دەل شۇ سەۋەبتىن، خۇدا تاللىغان
بەندىلەرنىڭ مەسىھ ئەيسادا بولغان نىجاتقا مەڭگۈلۈك شان-شەرەپ
بىلەن ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەممە ئىشقا بەرداشلىق بېرىمەن.
[11] تۆۋەندىكى بۇ سۆزلەر ئىشەنچلىكتۇر: ــ
«ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلگەنىكەنمىز،
ئۇنىڭ بىلەن ھاياتتا بىللە ياشايمىز.
[12] قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرسەك،
ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈم سۈرىمىز.
بىز ئۇنىڭدىن تانساق،
ئۇمۇ بىزدىن تانىدۇ.
[13] بىز ئۇنىڭغا ساداقەتسىزلىك قىلساقمۇ، ئۇ يەنىلا ساداقەتلىكتۇر؛
چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن ھېچ تانالمايدۇ».

## خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان خىزمەتكار

[14] بۇ ئىشلارنى داۋاملىق قېرىنداشلارنىڭ سەمىگە سېلىپ، ئۇلارنى
رەب ئالدىدا بىمەنە سۆزلەر ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلماسلىقنى

---

داۋۇت پادىشاھ-پەيغەمبەر، ئەلۋەتتە. **«سەن داۋۇتنىڭ نەسلى بولغان، ئۆلۈمدىن تىرىلگەن ئەيسا مەسىھنى مەن يەتكۈزۈۋاتقان خۇش خەۋەر بويىچە ئېسىڭدە چىڭ تۇت»** ــ بۇ مۇھىم ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**9:2** ئەف. 13:3، 1؛ 1:4؛ فىل. 7:1؛ كول. 24:1؛ 3:4، 18؛ 2تىم. 8:1.

11:2 **«ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلگەنىكەنمىز، ئۇنىڭ بىلەن ھاياتتا بىللە ياشايمىز...»** ــ «ئۇنىڭ بىلەن» دېگەنلىك مەسىھ بىلەن، ئەلۋەتتە.

**11:2** رىم. 8:6.

**12:2** مات. 33:10؛ مار. 38:8؛ لۇقا 26:9؛ 9:12؛ رىم. 17:8؛ 2كور. 10:4؛ فىل. 10:3؛ 1پېت. 13:4.

13:2 **«بىز ئۇنىڭغا ساداقەتسىزلىك قىلساقمۇ، ئۇ يەنىلا ساداقەتلىكتۇر؛ چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن ھېچ تانالمايدۇ»** ــ «چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن ھېچ تانالمايدۇ» ياكى «چۈنكى ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ سۆزىدە تۇرماي قالمايدۇ». بۇ مۇھىم سۆز توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**13:2** چۆل. 19:23؛ رىم. 3:3؛ 6:9.

ئەستايىدىللىق بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن. بۇنداق تالاش-تارتىشلارنىڭ
ھېچقانداق پايدىسى بولمايلا قالماي، بەلكى ئاڭلىغۇچىلارنى نابۇت
قىلىدۇ. [15]ئۇستا تىكىمچى رەختنى توغرا پىچقاندەك ھەقىقەت
سۆزىنى دۇرۇس چۈشەندۈرۈپ، ئۆزۈڭنى خۇدا ئالدىدا تەستىقلانغۇدەك،
يەرگە قاراپ قالمايدىغان ماھىر بىر خىزمەتكار قىلىپ كۆرسىتىشكە
ئىنتىلىپ كۆڭۈل قويغىن؛ [16]لېكىن ئىپلاس، قۇرۇق گەپلەردىن
نېرى تۇر. چۈنكى بۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچىلار بەربىر تېخىمۇ
ئىخلاسسىزلىققا چۆمۈپ كېتىدۇ. [17]مۇشۇنداقلارنىڭ گەپلىرى
خۇددى مەرەزدەك تېزلا يامراپ كېتىدۇ. خىمېنېيۇس ۋە فىلېتوسلار
مانا شۇنداقلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسىدۇر؛ [18]ئۇلار ھەقىقەتتىن
چەتنەپ، ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى دېگەن بۇ ئىش ئاللىقاچان يۈز
بېرىپ بولدى، دەيدۇ، شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ ئېتىقادىنى غۇلىتىدۇ.
[19]ھالبۇكى، خۇدانىڭ مەزمۇت ئۇلى چىڭ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۇستىگە
مۆھۈر بىلەن: «رەب ئۆزىگە تەۋە بولغانلارنى تونۇيدۇ» ۋە «رەبنىڭ

---

16:2 **«بۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچىلار بەربىر تېخىمۇ ئىخلاسسىزلىققا چۆمۈپ كېتىدۇ»** ــ «بۇنداق (كىشلەر)... تېخىمۇ ئىخلاسسىزلىققا چۆمۈپ كېتىدۇ» گرېك تىلىدا «بۇنداق (كىشلەر)... تېخىمۇ ئىخلاسسىزلىققا ئالغا باستۇرىدۇ» دېگەن كىنايىلىك، ھەجۋىي سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ

**16:2** 1تىم. 1:4؛ 4:7؛ 6:20؛ تىت. 1:14؛ 3:9.

17:2 **«مۇشۇنداقلارنىڭ گەپلىرى خۇددى مەرەزدەك تېزلا يامراپ كېتىدۇ»** ــ «يامراپ كېتىدۇ» گرېك تىلىدا «ئوت-چۆپلەرنى يەپ كېتىدۇ» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. روسۇل پاۋلۇس شۇ سۆزى بىلەن: بۇلارنىڭ گەپلىرى «خۇدانىڭ قويلىرى» بولغان ئېتىقادىچىلار ئىستېمال قىلىشى كېرەك بولغان «ئوزۇق»نى، يەنى «ساغلام تەلىم»نى يوقىقا چىقىرىدۇ، دەپ پۈرىتىدۇ.

18:2 **«ئۇلار ھەقىقەتتىن چەتنەپ...»** ــ گرېك تىلىدا: «ئۇلار ھەقىقەتنى نىشان قىلماي (چەتنەپ كېتىپ)...». **«ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى دېگەن بۇ ئىش ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولدى»** ــ بۇ بىدئەت تەلىمنىڭ مەنىسى بەلكىم تۆۋەندىكى ئىككى خىل خاتا قاراشنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك: ــ (1) «ئادەملەر ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغاندا، ئۇنىڭ روھى ئاللىقاچان ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە ئۆلۈپ تىرىلىدۇ (بۇ گەپ مۇشۇ يەرگىچە ھەقىقەت، ئەلۋەتتە). ئەمدى تىرىلىش پەقەت شۇ روھىي جەھەتتە بولۇپ، كەلگۈسىدە تەن جەھەتتە بولمايدۇ»، ياكى: (2) «بىز ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەنلەردە سۇغا ۋە روھقا چۆمۈلدۈرۈلگەندىن كېيىن بىزنىڭ «تىرىلگەن تەن»ىمىز بار بولىدۇ. شۇڭا ھازىرقى تېنىمىز كېسەل بولمايدۇ، ھېچ ئۆلمەيدۇ».

مۇبارەك نامىنى لەۋزىگە ئالىدىغانلارنىڭ ھەممىسى رەزىللىكتىن
قول ئۈزسۇن» دەپ مۆھۈرلەنگەندۇر. [20] باي-باياشات ئادەمنىڭ
ئۆيىدە پەقەت ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچا-قۇچىلارلا ئەمەس، ياغاچ،
ساپال قاچىلارمۇ بولىدۇ. قاچا-قۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئەتىۋارلىنىدۇ،
بەزىلىرى پەس كۆرۈلىدۇ. [21] ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنى ئۇنداقلارنىڭ
كىرىدىن تازىلاپ خالىي قىلسا، ئۇ مۇقەددەس قىلىنغان،
خوجايىنىمىزغا يارايدىغان قاچىدەك، ھەرقانداق گۈزەل ئىشلارغا
تەييار بولىدۇ.
[22] شۇڭلاشقا، ياشلىقنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرغىن،
پاك قەلب بىلەن رەبگە نىدا قىلغۇچىلەر بىلەن بىللە ھەققانىيلىق،
ئىشەنچ-ئېتىقاد، مېھىر-مۇھەببەت ۋە تىنچ-خاتىرجەملىكنى
قوغلىشىپ ئىزدە. [23] لېكىن ئەخمىقانە، بىلىمسىزلىكتىن چىققان
تالاش-تارتىشلارغا ئارىلىشىشنى رەت قىل، چۈنكى بۇنداق
ئىشلارنىڭ جېدەل تېرىيدىغانلىقىنى بىلىسەن. [24] ئەمدىلىكتە
رەبنىڭ قۇلى جېدەللەشمەسلىكى، بەلكى ھەممە كىشىلەرگە
مۇلايىم-مېھرىبان، تەلىم بېرىشكە ماھىر، سەۋر-تاقەتلىك بولۇشى
كېرەك؛ [25] شۇنىڭ بىلەن ئۆز-ئۆزىگە قارشى بولغانلارغا ئۇ خۇدا

---

19:2 **«ھالبۇكى، خۇدانىڭ مەزمۇت ئۇلى چىڭ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۆھۈر بىلەن: «رەب ئۆزىگە تەۋە بولغانلارنى تونۇيدۇ» ۋە «رەبنىڭ مۇبارەك نامىنى لەۋزىگە ئالىدىغانلارنىڭ ھەممىسى رەزىللىكتىن قول ئۈزسۇن» دەپ مۆھۈرلەنگەندۇر»** — بۇ مۇھىم ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**19:2** چۆل. 5:16؛ يۇھ. 14:10.

**20:2** رىم. 21:9.

21:2 **«ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنى ئۇنداقلارنىڭ كىرىدىن تازىلاپ خالىي قىلسا، ئۇ مۇقەددەس قىلىنغان، خوجايىنىمىزغا يارايدىغان قاچىدەك، ھەرقانداق گۈزەل ئىشلارغا تەييار بولىدۇ»** — «خوجايىنىمىز»: — ئىگىمىز، ئەلۋەتتە. بۇ مۇھىم ئايەت توغرلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**22:2** 1تىم. 11:6.

**23:2** 1تىم. 4:1؛ 4:6؛ تىت. 9:3.

**24:2** 1تىم. 2:3.

بەلكىم ئۇلارغا ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشكە توۋا قىلىدىغان قەلبنى
بېرەر دەپ، مۆمىن-مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلسۇن؛ [26] بۇنداق
بولغاندا ئۇلار ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، ئۆزلىرىنى ئۆز مۇددىئاسىغا ئەمەل
قىلىشقا تۇتقۇن قىلغان ئىبلىسنىڭ تۇزىقىدىن قۇتۇلالايدۇ.

## ئاخىر زامان

3 [1] ئەمما شۇنىمۇ بىلگىنكى، ئاخىر زامانلاردا ئېغىر كۈنلەر
بولىدۇ. [2] ئۇ چاغدىكى ئىنسانلار ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، پۇلپەرەس،
مەنمەنچى، ھاكاۋۇر، كۇپۇرلۇق قىلىدىغان، ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزىنى
تىڭشىمايدىغان، تۇزكور، ئىپلاس، [3] كۆيۈمسىز، كەچۈرۈمسىز،
تۆھمەتخور، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ۋەھشىي، خەير-ساخاۋەتلىككە
دۈشمەن، [4] ساتقۇن، تەلۋە، شۆھرەتپەرەس، ھۇزۇر-ھالاۋەتنى خۇدادىن
ياخشى كۆرىدىغان، [5] سىرتقى قىياپەتتە ئىخلاسمەن بولۇۋېلىپ،
ئەمەلىيەتتە ئىخلاسمەنلىكنىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىدىغان

---

25:2 **«...شۇنىڭ بىلەن ئۆز-ئۆزىگە قارشى بولغانلارغا ئۇ خۇدا بەلكىم ئۇلارغا ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشكە توۋا قىلىدىغان قەلبنى بېرەر دەپ، مۆمىن-مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلسۇن»** — «ئۆز-ئۆزىگە قارشى بولغانلارغا» دېگەن ئىبارە ئوقۇرمەنلەرگە غەلىتە تۇيۇلغىنى بىلەن، گرېك تىلىدا شۇنداق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ھەقىقەتنى جاكارلىغۇچىغا قارشى چىقسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ خۇدادا ئۆزىگە قىلماقچى بولغان ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆز-ئۆزىگە قارشى چىققان بولىدۇ. «پەند.» 8:36 كۆرۈڭ.

**25:2** پەند. 8:36؛ 9:12؛ 11:17؛ گال. 1:6.

26:2 **«بۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، ئۆزلىرىنى ئۆز مۇددىئاسىغا ئەمەل قىلىشقا تۇتقۇن قىلغان ئىبلىسنىڭ تۇزىقىدىن قۇتۇلالايدۇ»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، ئۆزلىرىنى تۇتقۇن قىلغان ئىبلىسنىڭ تۇزىقىدىن (خۇدانىڭ) ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىشقا قۇتۇلالايدۇ».

1:3 **«ئەمما شۇنىمۇ بىلگىنكى، ئاخىر زامانلاردا ئېغىر كۈنلەر بولىدۇ»** — «ئېغىر كۈنلەر» گرېك تىلىدا يەنە «خەتەرلىك كۈنلەر»نىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**1:3** 1تىم. 1:4؛ 2پېت. 3:2؛ يەھ. 18.

بولىدۇ. بۇنداقلاردىن يىراق تۇر. [6] چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى
بەزىلەر ئۆيمۇ-ئۆي سوقۇنۇپ كىرىپ، گۇناھلار بىلەن بېسىلغان،
ھەرخىل شەھۋەت-ھەۋەسلەرنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان نادان ئاياللارنى
ئازدۇرۇپ ئۆزىگە ئەسىر قىلىدۇ. [7] بۇنداق ئاياللار دائىم تەلىم
ئالسىمۇ، ھەرگىز ھەقىقەتنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. [8] ئەمدى ياننىس
بىلەن يامبرىس مۇسا پەيغەمبەرگە قانداق قارشى چىققان بولسا، بۇ
ئازدۇرغۇچىلارمۇ ھەقىقەتكە شۇنداق قارشى چىقىدۇ. ئۇلار زېھىن-
كۆڭۈللىرى چىرىگەن، ئېتىقاد جەھەتتە داشقال دەپ ئىسپاتلانغان كى
شىلەردۇر. [9] لېكىن ئەمدى ئۇلار بۇ يولدا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ؛
چۈنكى يانىنس بىلەن يامبرىسنىڭ ھاماقەتلىكى ئوچۇق
كۆرۈنگەندەك، بۇلارنىڭمۇ ھەممىگە كۆرۈنىدۇ.

## پاۋلۇسنىڭ ۋەسىيەتلىرى؛ ئۆگەنگەنلىرىڭدە داۋاملىق ماڭغىن

[11-10] لېكىن سەن بولساڭ مېنىڭ تەلىمىم، يۈرۈش-تۇرۇشۇم، مەقسەت-
ئىرادىلىرىم، ئىشەنچ-ئېتىقادىم، سەۋر-تاقىتىم، مېھىر-
مۇھەببىتىم، چىداملىقىم، مەن ئۇچرىغان زىيانكەشلىكلەر
ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە، جۈملىدىن ئانتاكيا، كونيا ۋە لىسترا

---

5:3 «...سىرتقى قىياپەتتە ئىخلاسمەن بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىخلاسمەنلىكنىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىدىغان بولىدۇ. بۇنداقلاردىن يىراق تۇر» — 1-5-ئايەتلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە قىسقىچە توختىلىمىز.

5:3 مات. 18:17؛ رىم. 16:17؛ 2تېس. 6:3؛ تىت. 10:3؛ 2يۇھ. 10.

6:3 «ھەرخىل شەھۋەت-ھەۋەسلەرنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان نادان ئاياللار...» — ياكى «ھەرخىل شەھۋەت-ھەۋەسلەرنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئاجىز ئاياللار...».

6:3 مات. 14:23؛ تىت. 11:1.

8:3 «ئەمدى يانىنس بىلەن يامبرىس مۇسا پەيغەمبەرگە قانداق قارشى چىققان بولسا، بۇ ئازدۇرغۇچىلارمۇ ھەقىقەتكە شۇنداق قارشى چىقىدۇ» — «مىس.» 11:7، 22، 7:8، 18نى كۆرۈڭ. ئىسرائىللار مىسىردىن چىقىشتىن بۇرۇن، مىسىر پادىشاھىنىڭ سېھىرگەرلىرى مۇسا پەيغەمبەرگە قارشى تۇرغان. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى (يانىنس بىلەن يامبرىس) تەۋراتتا دېيىلگەن ئەمەس، بەلكى يەھۇدىيلارنىڭ باشقا تارىخىي كىتابلىرىدا تېپىلىدۇ.

8:3 مىس. 11:7.

شەھەرلىرىدە يۈز بەرگەنلەرگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىڭ، شۇنداقلا
مەن بەرداشلىق بەرگەن شۇنچە زىيانكەشلىكلەردىن تولۇق خەۋىرىڭ
بار؛ رەب ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مېنى قۇتقۇزدى. [12] دەرۋەقە، مەسىھ
ئەيسادا ئىخلاسمەن ھايات كەچۈرۈشكە ئىرادە تىكلىگەنلەرنىڭ
ھەممىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. [13] لېكىن رەزىل ئادەملەر ۋە
ئېزىتقۇ-كاززاپلار بەرىبىر باشقىلارنىمۇ ئالداپ، ئۆزىمۇ ئالدىنىپ،
بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىدۇ. [14] لېكىن سەن بولساڭ، ئۆگەنگەن
ۋە تولۇق ئىشەندۈرۈلگەن ھەقىقەتلەردە چىڭ تۇر؛ چۈنكى
بۇلارنى كىمدىن ئۆگەنگەنلىكىڭنى بىلىسەن، [15] ھەمدە بالىلىق
چاغلىرىڭدىن تارتىپلا مۇقەددەس يازمىلارنى بىلىپ كەلدىڭ؛
بۇلارنىڭ ساڭا مەسىھ ئەيساغا باغلانغان ئېتىقاد ئارقىلىق بولغان
نىجات توغرۇلۇق سېنى دانا قىلالايدىغانلىقىنى بىلىسەن. [16] پۈتكۈل
مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ روھىنىڭ يوليورۇق-
ئىلھامى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇ تەلىم بېرىش، تەنبىھ بېرىش،
خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە كىشىلەرنى ھەققانىيەت يولىغا باشلاشقا

---

11-10:3 **«جۈملىدىن ئانتاكيا، كونىيا ۋە لىسترا شەھەرلىرىدە يۈز بەرگەنلەرگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىڭ...»** ــ «ئانتاكيا، كونىيا ۋە لىسترا شەھەرلىرىدە يۈز بەرگەنلەر»: ــ بۇ بىر-بىرىگە يېقىن ئۈچ يۇرتتا بولغان ۋەقەلەر توغرۇلۇق مەلۇماتلار «روس.» 13-14-بابتا تېپىلىدۇ. تىموتىي ئۆزى لىسترالىق ئىدى؛ پاۋلۇس دۇچ كەلگەن بۇ زىيانكەشلىكلەر تىموتىينىڭ مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشىغا تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**11-10:3** زەب. 19:34؛ روس. 50:13؛ 19:14؛ 2كور. 10:1

**12:3** مات. 24:16؛ لۇقا 26:24؛ يـۇھ. 14:17؛ روس. 22:14؛ 1تىس. 3:3.

14:3 **«چۈنكى بۇلارنى كىمدىن ئۆگەنگەنلىكىڭنى بىلىسەن»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «كىملەر» دەپ دېيىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭچە «كىم» دەپ ئوقۇش توغرا، چۈنكى پاۋلۇس بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ ئۈلگە بولغانلىقى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەيدۇ. تۆۋەندىكى 15-ئايەتتە ئۇ باشقا كىشىلەر (تىموتىينىڭ چوڭ ئانا ۋە ئانىسى)نىڭ تەسىرىنى تىلغا ئالىدۇ.

پايدىلىنىدۇ. [17]بۇلار ئارقىلىق خۇدانىڭ ئادىمى تولۇق قوراللىنىپ،
بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تەييار بولالايدۇ.

4 [1]مەن خۇدا ھەمدە تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەرنى سوراق قىلىشقا
تەييار تۇرىدىغان مەسىھ ئەيسانىڭ ئالدىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭ
قايتا ئايان بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز پادىشاھلىقى بىلەن ساڭا شۇنداق
ئاگاھ قىلىپ تاپىلايمەنكى، [2]خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى جاكارلا؛
ۋاقىت-پۇرسەت يار بەرسۇن-بەرمىسۇن، ئۇنىڭغا جىددىي قارا. تولۇق
سەۋر-تاقەت ۋە تەلىم-ئەقىدە بىلەن نەسىھەت قىلغىن، تەنبىھ
بەرگىن، رىغبەتلەندۈرگىن. [3]چۈنكى شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى،
ئىنسانلار ساغلام تەلىمنى ئاڭلاشقا چىدىماي، بەلكى قۇلاقلىرىغا
خۇش ياقىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئەتراپىغا ئۆز شەھۋەت-
ھەۋەسلىرىگە ئۇيغۇن تەلىم بەرگۈچىلەرنى توپلايدۇ. [4]ئۇلار ھەقىقەتكە

16:3 **«پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ روھىنىڭ يوليورۇق-ئىلھامى بىلەن يېزىلغان بولۇپ...»** ــ گرېك تىلىدا «پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ھەممىسى» دېگەن ئىبارە يازمىلاردىكى ھەربىر سۆز-ئايەتنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.
–«خۇدانىڭ روھىنىڭ يوليورۇق-ئىلھامى بىلەن يېزىلغان» گرېك تىلىدا «خۇدا نەپىسى بىلەن كىرگۈزۈپ يېزىلغان» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. گرېك تىلىدا ھەم ئىبرانىي تىلىدا «روھ» ۋە «نەپەس» بىر سۆز.
**16:3** 2پېت. 21:1.

**1:4** رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 1تىم. 21:5؛ 13:6.
2:4 **«خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى جاكارلا؛ ۋاقىت-پۇرسەت يار بەرسۇن-بەرمىسۇن، ئۇنىڭغا جىددىي قارا»** ــ «ۋاقىت-پۇرسەت يار بەرسۇن-بەرمىسۇن» دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى، خەقلەر خۇدانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلسۇن قىلمىسۇن، ئۇلارغا ياقسۇن ياقمىسۇن خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ ۋەزىپىسى ھامان ئامال قىلىپ سۆز-كالامنى ئۇلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.
3:4 **«... قۇلاقلىرىغا خۇش ياقىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئەتراپىغا ئۆز شەھۋەت-ھەۋەسلىرىگە ئۇيغۇن تەلىم بەرگۈچىلەرنى توپلايدۇ»** ــ «قۇلاقلىرىغا خۇش ياقىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن» گرېك تىلىدا «قۇلاقلىرى قىچىشقان بولۇپ،..» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىبارە: «ئۇلار ھەردائىم يېڭى نەرسىلەرنى ئاڭلىغاچقا» دېگەن باشقا بىرخىل چۈشەنچىنىمۇ بېرىدۇ.

قۇلاق سالماي، ئەپسانىلەرنى تىڭشاشقا بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ.
5 لېكىن سەن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئويغاق تۇر، خارلىق-مۇشەققەتلەرگە
بەرداشلىق بەر، خۇش خەۋەرچىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندا، تاپشۇرۇلغان
خىزمىتىڭنى ھەر تەرەپتىن تولۇق ئادا قىلغىن. 6 چۈنكى ئۆزۈمگە
كەلسەم، جېنىم قۇربانلىقنىڭ «شاراب ھەدىيەسى»دەك تۆكۈلىدىغان
ۋاقتى يېتىپ كەلدى، مېنىڭ بۇ دۇنيادىن كېتىش ۋاقتىممۇ يېقىنلاشتى.
7 گۈزەل كۈرەشنى مەن قىلىپ بولدۇم، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ
مەنزىلىنى بېسىپ بولدۇم، بىردىنبىر ئېتىقادنى چىڭ ساقلاپ كەلدىم.
8 ھازىر ھەققانىيلىقنىڭ غەلىبە تاجى مەن ئۈچۈن ساقلىنىپ تۇرماقتا.
ئۇنى، ھەققانىي سوراقچى بولغان رەب شۇ كۈنىدە ماڭا، شۇنداقلا يالغۇز
ماڭىلا ئەمەس، ئۇنىڭ كېلىپ ئايان بولۇشىغا تەلپۈنۈپ تۇرغانلارنىڭ
ھەممىسىگە ئىنئام قىلىپ كىيگۈزىدۇ.

## خۇسۇسىي تاپشۇرۇقلار؛ ئاخىرقى سۆزلەر

9 ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېنىمغا تېزدىن يېتىپ كەل. 10 چۈنكى دېماس
بۇ ھازىرقى دۇنيانى تاما قىلغانلىقى ئۈچۈن مېنى تاشلاپ تېسالونىكا
شەھىرىگە كەتتى. كرىسكىس گالاتىيا ئۆلكىسىگە، تىتۇس دالماتىيا

**4:6 «جېنىم قۇربانلىقنىڭ «شاراب ھەدىيەسى»دەك تۆكۈلىدىغان ۋاقت يېتىپ كەلدى»** — پاۋلۇس ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەۋرات دەۋرىدىكى قۇربانلىقلار ئۈستىگە تۆكۈلىدىغان «شاراب ھەدىيەسى»گە ئوخشىتىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئۇنىڭ يېقىن ئارىدا بولىدىغان ئۆلۈمىنى قۇربانلىققا ئەمەس، پەقەت بىر «شاراب ھەدىيەسى»گە ئوخشىتىدۇ، خالاس. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ قۇربانلىق» ئەيسا مەسىھنىڭكىدۇر.

**4:6** 2پېت. 1:14.

**4:7 «گۈزەل كۈرەشنى مەن قىلىپ بولدۇم»** — «كۈرەش» (قاتتىق ئېلىشىش مۇسابىقىسى، گرېك تىلىدا «ئاگون») دېگەن سۆز توغرۇلۇق «تىموتىيغا (1)»دىكى (6:12 توغرۇلۇق) «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**4:8 «ئۇنى، ھەققانىي سوراقچى بولغان رەب شۇ كۈنىدە ماڭا، شۇنداقلا يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، ئۇنىڭ كېلىپ ئايان بولۇشىغا تەلپۈنۈپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنئام قىلىپ كىيگۈزىدۇ»** — «شۇ كۈنى» رەبنىڭ قايتا كېلىدىغان كۈنى، ئەلۋەتتە.

**4:8** 1كور. 9:25؛ 1پېت. 5:4.

**ئۆلكىسىگە كەتتى. [11]يېنىمدا يالغۇز لۇقا قالدى. ماركۇسنى ئۆزۈڭ**
**بىلەن بىرگە ئېلىپ كەل، چۈنكى ئۇ خىزمەتلىرىمدە ماڭا كۆپ ئە**
**سقاتىدۇ. [12]تىكىكۇسنى بولسا ئەفەسۇس شەھىرىگە ئەۋەتىۋەتتى**
**م. [13]كېلىشىڭدە تروئاس شەھىرىدە كارپۇسنىڭ يېنىغا قالدۇرۇپ**
**قويغان يېپىنچام بىلەن كىتابلارنى، بولۇپمۇ ئورام تېرە يازمىلارنى**
**بىللە ئالغاچ كەلگىن. [14]مىسكەر ئىسكەندەر ماڭا تولا ئەسكىلىك**
**قىلدى. رەب ئۇنىڭغا قىلمىشلىرىغا لايىق ياندۇرماي قالمايدۇ.**
**[15]سەن ھەم ئۇنىڭدىن ھوشيار بول؛ چۈنكى ئۇ بىز يەتكۈزگەن**
**سۆزلىرىمىزگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى.**
**[16]تۇنجى قېتىملىق سوراقتا مېنىڭ ئاقلىنىشىمغا ياردەم قىلىدىغان**
**ھېچكىم چىقمىدى، ھەممىسى مېنى تاشلاپ كەتتى. بۇ ئىش ئۇلارغا**
**ھېسابلانمىغاي! [17]لېكىن رەب مېنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇپ، مەن**
**ئارقىلىق ئىنجىل جاكارى تولۇق قىلىنىپ، بۇ يەردىكى بارلىق يات**
**ئەللىكلەردىن بولغانلارنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن مېنى كۈچلەندۈردى؛**
**شۇنىڭ بىلەن مەن شىرنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزۇۋېلىندىم. [18]رەب**
**مېنى بارلىق رەزىل ئىشتىن قۇتقۇزۇپ، ئەرشتىكى پادىشاھلىقىغا**
**ساق يەتكۈزىدۇ! شان-شەرەپ ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەدگىچە مەنسۇپ**
**بولغاي! ئامىن!**

---

**10:4** كول. 14:4؛ فلم. 24.

**11:4** روس. 37:15؛ كول. 10:4، 14؛ فلم. 24.

**12:4** روس. 4:20؛ كول. 7:4.

13:4 **«كېلىشىڭدە تروئاس شەھىرىدە كارپۇسنىڭ يېنىغا قالدۇرۇپ قويغان يېپىنچام بىلەن كىتابلارنى، بولۇپمۇ ئورام تېرە يازمىلارنى بىللە ئالغاچ كەلگىن»** — بۇ ئايەت ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە قىسقىچە توختىلىمىز.

**14:4** 1تىم. 20:1.

16:4 **«تۇنجى قېتىملىق سوراقتا مېنىڭ ئاقلىنىشىمغا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم چىقمىدى، ھەممىسى مېنى تاشلاپ كەتتى. بۇ ئىش ئۇلارغا ھېسابلانمىغاي!»** — بۇ ئايەت ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە قىسقىچە توختىلىمىز.

17:4 **«شۇنىڭ بىلەن مەن شىرنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزۇۋېلىندىم»** — پاۋلۇس قەيسەر نېرونىڭ بىرىنچى سورىقىدىن قۇتۇلدى. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

## ئاخىرقى سالام

[19]پرىسكا بىلەن ئاكۋىلاغا ۋە ئونېسىفورنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە
مەندىن سالام ئېيت.
[20]ئېراستۇس كورىنت شەھىرىدە قالدى. لېكىن تروفىمۇس كېسەل
بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنى مىلېتۇس شەھىرىدە قالدۇرۇپ قويدۇم.
[21]قىش چۈشۈپ كەتكۈچە ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە بۇ يەرگە كەلگىن.
يۇبۇلۇس، پۇدىس، لىنوس، كلاۋدىيا ۋە بارلىق قېرىنداشلاردىن ساڭا
سالام. [22]رەب ئەيسا مەسىھ روھىڭ بىلەن بىللە بولغاي! مېھىر-
شەپقەت سىلەر بىلەن بىللە بولغاي!

---

19:4 «پرىسكا بىلەن ئاكۋىلاغا ۋە ئونېسىفورنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە مەندىن سالام ئېيت» — «پرىسكا» بولسا «پرىسكىللا»نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى («روس.» 2:18). ئاكۋىلا ۋە پرىسكىللا ئەر-ئايال ئىدى.

19:4 روس. 2:18؛ رىم. 3:16.

22:4 «رەب ئەيسا مەسىھ روھىڭ بىلەن بىللە بولغاي!» — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە پەقەت «رەب روھىڭ بىلەن بىللە بولغاي!» دېيىلىدۇ.

# قشۇمچە سۆز

(6:1) «شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇنى قايتىدىن ساقا ئەسلىتىمەنكى، قوللىرىمنى ئۈچاڭغا قويۇشۇم بىلەن سەندە بولغان، خۇدا ساڭا تەقدىم قىلغان ئىلتىپاتنى قايتىدىن يالقۇنلىتىپ جارى قىلغىن».

بۇ ئايەت بىلەن «1تىم.» 14:4نى سېلىشتۇرۇڭ: —

«سەندە بولغان، جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرى قوللىرىنى ئۈچاڭغا قويغاندا، خۇدانىڭ ۋەھىيسى ئارقىلىق ساڭا ئاتا قىلىنغان ئىلتىپاتقا بىپەرۋالىق قىلما».

بۇ ئالاھىدە روھىي ئىلتىپاتنىڭ ماھىيىتى توغرۇلۇق (پاۋلۇس بىۋاستە بىزگە ئېيتمىغاچقا) تەپسىلىي مەلۇماتىمىز يوق؛ لېكىن پاۋلۇس ئالدى-كەينى ئايەتلەردە مەسىھنى يۈرەكلىك جاكارلاش كېرەكلىكىنى تىلغا ئالغاچقا، بىز بۇ ئىلتىپاتنى خۇش خەۋەرنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كۈچلۈك ئىلتىپات ئىدى، دەپ قارايمىز. ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا مەسىھنىڭ شاپائىتىنى ئىسپاتلاش، كېسەللەرنى ساقايتىش، مۆجىزە يارىتىش ياكى ئالاھىدە ۋەھىي-بېشارەتلەرنى يەتكۈزۈش ئىلتىپاتى بولسا كېرەك ئىدى. پاۋلۇسنىڭ ئۆزىدە ئۇنداق ئىلتىپاتلار دائىم پەيدا بولدى (مەسىلەن، «رىم.» 13:8-12، 14:8-10، 19:11-12، 28:7-10نى كۆرۈڭ).

ئەمدى تىموتىي بۇ ئىلتىپاتنى «يالقۇنلىتىپ جارى قىلىش» ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ ئىلتىپات مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئىشەنمىگەنلەرگە نامايان قىلىدۇ، دېگەن قىياسىمىز توغرا بولسا، ئۇنداقتا مۇشۇنداق ئىلتىپاتنى يالقۇنلىتىپ قوزغاش، شۇنداقلا داۋاملىق لاۋۇلدىتىشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك يول بولسا ئەتراپىمىزدا ياشاۋاتقان، خۇدانىڭ نىجاتىغا يات بولغانلار ئۈچۈن دۇئالاردا بولۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىز خۇدانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاغرىتقان ئىچ-باغرىلىرىنى، شۇنداقلا بارلىق ئىنسان بالىلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ئىنتىزارلىرىنى ئايان قىلغان مۇقەددەس يازمىلار ئۈستىدە پات-پات ئويلىنىپ ئەسلەش ئادىتىمىز بولسا يەنە بىزدە بولغان ئىلتىپاتلارنى «يالقۇنلىتىپ جارى قىلىش»قا زور تۈرتكە بولىدۇ.

ھالاكەتكە كېتىۋاتقانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش ئۆزىمىزنىڭ بارلىق ئۈرۈق-تۇغقان، دوست-ئاغىنىلىرىمىز بىلەن باشلىنىدۇ، ئەلۋەتتە، ئاندىن ئەتراپىمىزدا ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن بولىدۇ. ھەقىقىي دۇئا-تىلاۋەت ئادەملەرنىڭ ئىچكى ھاجەتلىرى ۋە ئۈمىدسىزلىكلىرىنى ۋە خۇدانى تونۇمايدىغانلار يۈزلىنىۋاتقان ھالاكەتنىڭ قورقۇنچلۇقىنى بىزگە يېڭىدىن ئېچىپ بېرىدۇ؛ خۇدانىڭ مۇھەببىتىدىكى ئوت قەلبىمىزدە بار بولسا بىز ئىمان-ئىشەنچ بىلەن ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا قوزغىلىمىز، شۇنداقلا بىزدە قايسىبىر ئەلتىپاتلار بار بولسا ئۇلارغا ياردەم يەتكۈزۈشكە بۇ ئەلتىپاتلارنىڭ قوزغىلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

(12:1) «مەن شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى بۇ خارلىق-مۇشەققەتلەرنى تارتماقتىمەن. لېكىن بۇنىڭدىن نومۇس قىلمايمەن؛ چۈنكى مەن كىمگە ئېتىقاد قىلغانلىقىمنى بىلىمەن ھەمدە ئۇنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ئامانىتىنى شۇ كۈنگىچە ساقلىيالايدىغانلىقىغا قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈلدۈم».

ئادەم ئەجەلگە كىرگىنىدە ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئىشلىرىنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ جامائىتىنىڭ كېلەچىكى توغرۇلۇق غەم يېگەن بولسا ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھاياتىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىگە ئېنىق ئىسپات بولماي نېمە بولىدۇ؟ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇنىڭ «ئامانەت»ى تاپشۇرۇۋالغان قىممەتلىك ۋەھىيلەرنى كۆرستىدۇ. شۇ ۋەھىيلەرنىڭ ھەممىسىنى جامائەتكە تولۇق ئۆزلەشتۈرگۈزۈش ئۇنىڭ چوڭ نىشانى ۋە يۈكى بولۇپ كەلگەنىدى («ئەف.» 13-2:3). لېكىن جامائەت سەپسەتەلەرنى ئىزدەپ ئېزىپ كەتكەن، ياكى ھەتتا مەسىھنىڭ روسۇلىدىن يۈز ئۆرىگەن بولسا، بۇ ھەقىقەتلەرگە نېمە بولىدۇ؟ قېرىندىشىمىز پاۋلۇس ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولۇۋاتقان ۋاپاسىزلىقلارغا قارىماي، بۇ ئامانەتنىڭ جامائەتتىن كەتمەسلىكىگە باغلىغان ئىشەنچىنى بىزگە بىلدۈرىدۇ (12:1) ۋە بىز بۇنىڭغا مىننەتدارمىز. شۇنىڭدەك بىزدىمۇ شۇ ئىشەنچ باركى، بۇگۈنكى كۈندە ئىنجىلنى ئوقۇغىنىمىزدا كەمتەرلىك بىلەن مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھىيلىرىنى ئىزدىسەك، ئامانەتتىكى ھەقىقەتلەر بىزگىمۇ ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆگەنگەن ھەقىقەتلەرنى ئەمەلىي ئىشلەتكىنىمىزدە ئەتراپلىق تەتبىقلاشقا تەييار بولۇشىمىز شەرت، ئەلۋەتتە.

(15:1) «سەن بىلگىنىڭدەك، ئاسىيا ئۆلكىسىدىكى ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەندىن يۈز ئۆردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فىگېلۇس ۋە خېرموگېنېسمۇ بار».

پاۋلۇسنىڭ شۇنداق ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكنى ھېچ داد-داۋراڭ سالماي ئاددىي بايان قىلغانلىقىغا بەلكىم ھەيران قالىمىز. پاۋلۇسقا ئۆزلىرىنىڭ روھىي ھاياتىدا قەرز بولغان جامائەتلەر قانداقمۇ ئۇنىڭدىن «يۈز ئۆرىسۇن»؟ ئۇنىڭ مۇشۇ «يۈز ئۆرۈش» دېگىنى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

شۇ چاغدىكى ئىمپېراتور نېرو ئىمپېرىيەسىدىكى پۇقرالاردىن ئۆزىگە «خۇدا سۈپىتىدە» سەجدە قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى: «نېرو رەبدۇر» دېگۈزمەكچى ئىدى. ئەمما پاۋلۇس بولسا ھەممە يەردە «ئەيسا مەسىھ رەبدۇر» دەپ جاكارلاشتا مەشھۇر بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ جىنايەتچى دېيىلىپ قولغا ئېلىنىپ، بەلكىم «دۆلەتكە خائىنلىق قىلغۇچى» دەپ ئەرز قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق كىشىلەرنى ئېغىر تەڭلىككە، «ئىككى پارچە ئوت ئوتتۇرىسى»غا چۈشۈرگەن بولسا كېرەك. بەلكىم ئۇنىڭغا يېقىن بولغانلارغا ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش تەلەپ قىلىناتتى ياكى ئۇلار پەقەت مەشھۇر «سىبىسىق خائىن» دەپ ھېسابلانغان بىر ئادەمدىن نومۇس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن «ئاسىيا ئۆلكىسىدىكى ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەندىن يۈز ئۆردى». بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى بەلكىم يەنە، ئۇنىڭغا چاپلانغان «رىمغا قارشى تۇرغان خائىن» دېگەن ئەرزگە رەددىيە بېرىپ گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ھازىر قورقۇنچتىن سۈكۈت قىلماقتا ئىدى.

بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، پاۋلۇس ئۇلارنى رەبنىڭ ئۆزىدىن يۈز ئۆرگەن، دېمەيدۇ؛ لېكىن خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرىغا جىددىي موھتاج بولغان پەيتتە ئۇلاردىن ئايرىلىشاق بىز ئاشۇ دەھشەتلىك ئىمكانىيەتنىڭ خەتىرىدە بولىمىز («مات.» 25:31-44). ئەلۋەتتە مۇشۇ ۋاز كەچكەنلەرنىڭ سىرتىدا تۇرغان بەزىلەر بار ئىدى؛ 16-ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئونېسىفور ئۇلار ئارىسىدا ئىدى؛ پاۋلۇس ئۇنىڭ مۇھەببىتى ۋە كۆيۈمچانلىقىنى چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

(8:2) «سەن داۋۇتنىڭ نەسلى بولغان، ئۆلۈمدىن تىرىلگەن ئەيسا مەسىھنى مەن يەتكۈزۈۋاتقان خۇش خەۋەر بويىچە ئېسىڭدە چىڭ تۇت».
ئەيسا مەسىھنى كىم ئۇنتۇيالىسۇن؟ لېكىن بىز يەنە خۇدانىڭ قەدىمكي خەلقى ئىسرائىل توغرۇلۇق «ئۇلار خۇدانى ئۇنتۇدى» دەپ دائىم خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇس، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنى جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزدا، پىلانلىرىمىزدا، ھەتتا ھەقىقەت ئۈستىدە بولغان زىيالىيلارچە مۇزاكىرىلىرىمىزدە مەسىھنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇشىنىڭ ھەقىقىي خەۋپى بار. ئەمما بىز پاۋلۇسنىڭ پەقەت «ئەيسا مەسىھنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت» ئەمەس، بەلكى «ئەيسا مەسىھنى مەن يەتكۈزۈۋاتقان خۇش خەۋەر بويىچە ئېسىڭدە چىڭ تۇت» دېگىنىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. دېمەك، خۇدانىڭ خىزمىتىدە ئۈنۈملۈك بولۇش ئۈچۈن (پاۋلۇس تىموتىينى رىغبەتلەندۈرىۋاتقاندەك) بىز مەسىھنىڭ شەخسىنىڭ ئۆزى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا ۋاقىت ۋە ئەجىر سىڭدۈرىشىمىز كېرەك؛ يەنى، ئۇنىڭ خۇدا تەييارلىغان خەلقى ئارقىلىق تۇغۇلۇشى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىنىڭ ھەم خۇدانىڭ ئۇغلىلىق سالاھىيىتى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى، شۇنىڭدەك ئاسمان-زېمىندىكى تەختكە بولغان ھوقۇقى ئۈستىدە (ئاسمانغا كۆتۈرۈلگىنىدىن كېيىن روسۇللىرىغا مەلۇم قىلىنغاندەك)، ئويلىنىشىمىز كېرەك. مۇنداق ئويلىنىش بولسا بىز ئۈششاق-چۈششەك ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىشتىن، شۇنداقلا توغرا يۆنىلىشتىن ئېزىشتىن ساقلىنىپ قالىمىز.

13:2 «بىز ئۇنىڭغا ساداقەتسىزلىك قىلساقمۇ، ئۇ يەنىلا ساداقەتلىكتۇر؛ چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن ھېچ تانالمايدۇ»
بەلكىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇشۇ يەردە مۇنداق بىر سوئالنى قويغۇسى كېلىدۇكى: پاۋلۇس ئېيتقان بۇ گېپى خۇدانىڭ بىر ۋەدىسىمۇ ياكى ئاگاھمۇ؟
ئەگەر پاۋلۇسنىڭ يۇقىرىقى بايانى بىز ئۈچۈن ئاگاھ بولسا، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى: «رەب ئۆزىنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىدىن تانالمايدۇ، ساداقەتسىزلىكىمىزگە جازا قىلماي قالمايدۇ» دېگەنندەك بولىدۇ. ئەگەر «ئاجىز بەندىلەر»گە ئۈمىد بېرىدىغان بىر بايان بولسا، مەنىسى: «ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببەتلىك ماھىيىتى تۈپەيلىدىن، ئۆزگەرمەس شاپائىتى تۈپەيلىدىن ئۇ بىزگە ساداقەتمەن بولۇشتىن ھېچ چېقمايدۇ؛ ساداقەتسىزلىكىمىزگە قارىماي بىزنى ئۆزلۈكسىز سۆيۈپ، روھى ئارقىلىق ئۆز يېنىغا قايتىشقا جەلپ قىلىپ تارتىدۇ» دېگەنندەك بولىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، كېيىنكى كۆزقاراش توغرىدۇر؛ چۈنكى «يېڭى ئەھدە»دە خۇدا ئۆزىنى بىزگە قايتا تارتىۋالغۇسىز بېغىشلىغاندۇر. بۇ ھەقىقەت «رەبنىڭ زىياپىتى»دە كۆرۈنىدۇ. بۇ زىياپەت يېڭى ئەھدىگە ئىشارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا بىز «رەبنىڭ تېنى ۋە قېنى»نى بىلدۈرىدىغان نان ۋە شارابتىن بەھرىمەن بولىمىز. بىز شۇ نان (ئۇنىڭ تېنى)نى يېگەن ۋە شاراب (ئۇنىڭ قېنى)نى ئىچكەندىن كېيىن بىرەرسى بىزدىن بۇلاردىن ئايرىۋېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى يېگەن ۋە ئىچكەن مىنۇتلاردىلا ئۇلار ھەزىم قىلىنىش بىلەن ئۆز تېنىمىزنىڭ جىسمانىي تېنىدىن تولۇق بىر قىسمى بولغان بولىدۇ. جىسمانىي ئىشارەت كۆرسەتكەندەك، روھ جەھەتتە مەسىھ بىلەن بىر قىلىنغانلار ھەرگىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ ھەرگىز بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ، چۈنكى «ئۇ ئۆزىدىن ھېچ تانالمايدۇ».

بىز شۇنى بايقايمىزكى، پاۋلۇس خۇدانىڭ ساداقەت-ئىشەنچلىكى توغرىسىدا ئالاھىدە سۆزلىگىنىدە، ئاگاھلار بىلەن ئەمەس، دائىم رىغبەت-تەسەللى بېرىش بىلەن بولىدۇ (بولۇپمۇ «رىم.» 3:3، 6:9، ۋە «1كور.» 9:1، 13:10، «2كور.» 18:1، «1تىس.» 24:5، «2تىس.» 3:3نى كۆرۈڭ).

(19:2) «ھالبۇكى، خۇدانىڭ مەزمۇت ئۇلى چىڭ تۇرماقتا. ئۇلنىڭ ئۈستىگە مۆھۈر بىلەن: «رەب ئۆزىگە تەۋە بولغانلارنى تونۇيدۇ» ۋە «رەبنىڭ مۇبارەك نامىنى لەۋزىگە ئالىدىغانلارنىڭ ھەممىسى رەزىللىكتىن قول ئۈزسۇن» دەپ مۆھۈرلەنگەندۇر».

خۇدانىڭ جامائىتىدە مالىمانچىلىق پەيدا بولغان ۋاقىتلاردا بۇ ۋە كېيىنكى ئۈچ ئايەتتە خۇدانىڭ خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەمەلىي نەسىھەتنى كۆرىمىز. پاۋلۇس تىموتىيغا بىرىنچى خەتنى يازغان ۋاقىتتىكى ئەھۋال بىلەن ئۇشبۇ خەتنى يازغان ۋاقىتتىكى ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە. بىرىنچى خەتنى يازغىنىدا جامائەت خېلى تەرتىپلىك بولۇپ كۆپ ئەمەلىي ئىشلارنى، مەسىلەن تۇل خوتۇنلارغا، يېتىم-يېسىرلەرگە رەسمىي ياردەم بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولاتتى. لېكىن ئەسلىدە كۆرۈنۈشتە رەبگە تەۋە بولغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى ھازىر پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس بولغانلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنداق ئەھۋالدا خۇدانىڭ خەلقى نېمە قىلىشى كېرەك؟

پاۋلۇسنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئەمەلىيدۇر. خۇدا جامائەتتىكى ئەمەلىي ھاياتنىڭ دانالىق بىلەن داۋاملىششى يولىنى ئايان قىلىپ، «مۆھۈرلەنگەن ئىككى ئۇزۇندە» ئۆز ئۇلىنىڭ ئۇستىگە بېسىلغان. مۆھۈرلەنگەن ئىككى ئۇزۇندە مۇنداق:

(1) «رەب ئۆزىگە تەۋە بولغانلارنى تونۇيدۇ».

دېمەك، خۇداغا تەۋە بولغانلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە كىم ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش-سۈرۈشتۈرۈشكە ھېچقانداق ۋاقىت سەرپ قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇ رەبنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى.

(2) «رەبنىڭ مۇبارەك نامىنى لەۋزىگە ئالىدىغانلارنىڭ ھەممىسى رەزىللىكتىن قول ئۈزسۇن»

بىز خۇداغا كىم ھەقىقەتەن تەۋە بولغانلىقىنى ۋە كىم تەۋە بولمىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، خۇدانىڭ جامائىتى سۈپىتىدە يىغىلغان بولساق، بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى چىڭ تۇتۇشىمىز زۆرۈر. ئارىمىزدا ئۆزىنى مەسىھگە تەۋەمەن دېگىنى بىلەن گۇناھ ئىچىدە ئوچۇق ۋە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدىغانلار (دېمەك، توۋا قىلىشقا ھېچ تىرىشماي) بار بولسا، ئۇلاردىن ئايرىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندا، قانداقلا بولمىسۇن ئېتىقادسىز ئادەملەر ئالدىدا مەسىھ توغرۇلۇق ئېنىق گۇۋاھلىق بېرىش ئىمكانىيىتى قالىدۇ. ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇچۇن تۆۋەندىكى ئايەتتىكى تەمسىل نەسىھەتمۇ بېرىلىدۇ: —

(2:20-21) «باي-باياشات ئادەمنىڭ ئۆيىدە پەقەت ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچا-قۇچىلارلا ئەمەس، ياغاچ، ساپال قاچىلارمۇ بولىدۇ. قاچا-قۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئەتىۋارلىنىدۇ، بەزىلىرى پەس كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنى ئۇنداقلارنىڭ كىرىدىن تازىلاپ خالىي قىلسا، ئۇ مۇقەددەس قىلىنغان، خوجايىنىمىزغا يارايدىغان قاچىدەك، ھەرقانداق گۈزەل ئىشلارغا تەييار بولىدۇ».

خۇدانىڭ ھەممە ئىشلارنى باشقۇرۇشى ھەققەتەن ئۇلۇغ، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ چۈشىنىشلىرىدىن زىيادە ئارتۇق. جامائەتنىڭ ئىچىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇشقا يول قويغان بولسا، شۇ قالايمىقانچىلىق يەنىلا ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ھەتتا پاۋلۇستىن يۈز ئۆرىگەن «فىگېلۇس ۋە خېرموگېنېس» دېگەن كىشىلەردە، ياكى 19-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «رەزىللىكتىن قول ئۈزمىگەن»لەردىمۇ ئۆز مەقسەتلىرى بار. ھالبۇكى، پاۋلۇس دېگىنىدەك «باي-باياشات ئادەمنىڭ بىر ئۆيى»دە ھەرخىل مەقسەتتە ئىشلىتىلىدىغان قاچا-قۇچىلار بولىدۇ، «بەزىلىرى ئەتىۋارلىنىدۇ، بەزىلىرى پەس كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنى ئۇنداقلارنىڭ كىرىدىن تازىلاپ خالىي قىلسا، ئۇ مۇقەددەس قىلىنغان، خوجايىنىمىزغا يارايدىغان قاچىدەك، ھەرقانداق گۈزەل ئىشلارغا تەييار بولىدۇ». ئۆي خوجايىنىنىڭ ھەربىرىدە ئۆزىنىڭ مەقستى بار؛ ئەمما ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئالتۇن جامنى تەرەت قاچىسى ياكى ئەخلەت ساندۇقى بىلەن يېقىن قويمايدۇ. خوجايىنغا ياقىدىغان، ئۆز يېنىدا ئىشلىتىدىغان قاچا بولۇشى ئۈچۈن بۇ باشقا خىل قاچىلارنىڭ تۈرلۈك بۇلغاشلىرىدىن ئۆزىنى ساقلىشى كېرەك. ئۆزلىرىنى «تەلىم بەرگۈچى»لەر دەپ ئاتىغانلار كۆپتۇر. ئەمدى ئۇلار مەسىھنىڭ ساغلام تەلىمىدىن باشقا تەلىملەرنى بەرسە، ئۇنداقتا خۇدانىڭ ئادىمى ئۇنداقلارنىڭ تەلىمىنىڭ بۇلغىشىدىن ئۆزىنى ساقلىشى لازىم. خۇدانى خۇرسەن قىلماقچى بولغان خىزمەتكار بۇنداق ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرگە دوست-ئاغىنە قاتارىدا ياكى «خىزمەتداش»لار قاتارىدا قارىسا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەخسىي دۈشمىنى دەپ قارىسىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە؛ شارائىت يار بەرسە ئۇ ئۇلارغا خاتا يولدىن چىقىشقا نەسىھەت قىلىشى كېرەك (2:24-26).

(22:2) «شۇڭلاشقا، ياشلىقنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرغىن، پاك قەلب بىلەن رەبگە نىدا قىلغۇچى بىلەن بىللە ھەققانىيلىق، ئىشەنچ-ئېتىقاد، مېھىر-مۇھەببەت ۋە تىنچ-خاتىرجەملىكنى قوغلىشىپ ئىزدە».

خاتا يولدا مېڭىۋاتقانلاردىن ئايرىلىش توغرۇلۇق سۆزلىگەندىن كېيىن روسۇل قايتىدىن تىموتىيغا ئۆزىمىزنىڭ توغرا مەقستى ئۆزىمىزنى پاك-مۇقەددەس تۇتۇش بولۇشى كېرەك، دەپ ئەسكەرتىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئوخشاش مەقسەت-نىشاندا بولغانلارنى ئىزدەپ تېپىپ،

مۆمكىن بولسا ئۆزئارا رىغبەتلەندۈرۈشكە ۋە دۇئا قىلىشقا ئۇلار بىلەن بىللە يىغىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ مالىمانچىلىق ۋاقىتلىرىدىكى مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ يولىدۇر.

(5-1:3) «سىرتقى قىياپەتتە ئىخلاسمەن بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىخلاسمەنلىكنىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىدىغان بولىدۇ. بۇنداقلاردىن يىراق تۇر».

«ئىخلاسمەنلىكنىڭ قۇدرىتى» دېگەن نېمە؟

بۇ بەش ئايەتتە روسۇل ئاخىرقى زامانلاردىكى كىشىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ 1-5-ئايەتتە كۆرسىتىلگەن شەخسىيەتچى قىلمىشلىرىنى «رىم.» 1:18-32دا كۆرسىتىلگەنلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق ئۇلارنىڭ ئانچە چوڭ پەرقى يوقتەك كۆرۈنىدۇ، «نېمىشقا پاۋلۇس بۇ ئىشلار پەقەت ئاخىرقى زامانلاردا پەيدا بولىدۇ، دەيدۇ؟»، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. چوڭ پەرقى شۇبھىسىزكى، مۇشۇ يۇقىرىقى 5-ئايەتتە كۆرۈنىدۇ: «سىرتقى قىياپەتتە ئىخلاسمەن بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىخلاسمەنلىكنىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىدىغان بولىدۇ».

«رىم.» 1:18-32دا ئادەمئاتىمىز گۇناھقا پېتىپ كەتكەندىن كېيىن، نىجاتنىڭ خۇش خەۋىرى كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى 1-5-ئايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن قاراڭغۇلۇق بولسا ئىنسانلار ئىنجىل نۇرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، نىجات سۆزىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنى رەت قىلغاندىن كېيىنكى ھالەت تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ئاخىرقى سوراقتا تارتىلىش ئالدىدا «نۇرنى رەت قىلغان قاراڭغۇلۇق» بولىدۇ. ئىنسانلار «رىم.» 1:18-32دە تىلغا ئېلىنغان بارلىق ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ رەزىللىكلىرىنىڭ ھەممىسى «ئىخلاسمەنلىكنىڭ قىياپىتى»نىڭ نىقابى ئاستىدا بولىدۇ.

(6-5:4) «لېكىن سەن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئويغاق تۇر، خارلىق-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەر، خۇش خەۋەرچىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندا، تاپشۇرۇلغان خىزمىتىڭنى ھەر تەرەپتىن تولۇق ئادا قىلغىن».

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تىموتىي (باشقا خىزمەتلىرىگە قوشۇپ) «خۇش خەۋەرچى» بولۇشقا ئالاھىدە روھىي ئىلتىپاتلار بىلەن ئالاھىدە قوراللانغانىدى. تىموتىينىڭ مىجەزى

يۈۋاش، جىمغۇر بولغاچقا، مۇشۇ ئىش دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. شۇنى بايقايمىزكى، خۇدانىڭ ئادەمنى مەلۇم ۋەزىپىگە چاقىرىشى كۆپ ۋاقىتلاردا ئىنسانلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدۇ، ئۇنىڭ قوراللاندۇرۇشلىرى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي تالانتلىرىدىن كۆپ ئاشىدۇ.

## (14:4) «كېلىشىڭدە تروئاس شەھىرىدە كارپۇسنىڭ يېنىغا قالدۇرۇپ قويغان يېپىنچام بىلەن كىتابلارنى، بولۇپمۇ ئورام تېرە يازمىلارنى بىللە ئالغاچ كەلگىن».

يۇقىرىدا بىز پاۋلۇسنىڭ زىنداندىكى سوغۇقتا يېتىپ يېپىنچىغا موھتاج بولغانلىقى ئۈستىدە توختالدۇق. لېكىن ئۇنىڭ بۇ موھتاجلىقى ئۇنىڭ بۇ ھالىنى چوقۇم ئوبدان بىلگەن رىم شەھىرىدىكى قېرىنداشلارنىڭ كۆيۈم-ياردىمىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئادەمنى قايغۇرتىدۇ.

بىز بۇ ئايەتتىن يەنە كۆرىمىزكى، پاۋلۇس گەرچە ئۆلۈمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلگىنى بىلەن ئۇنى بىكار كۈتۈشكە تەن بەرمەيدۇ. كۈچىنىڭ بارىچە ئۇ قالغان بارلىق ۋاقتىنى پايدىلىق ئىشلارغا سالماقچى ئىدى.

بۇ «كىتابلار، بولۇپمۇ ئورام تېرە يازمىلار» دېگىنى نېمە؟ بۇنىڭ توغرۇلۇق بەزى ئورۇنلۇق قىياسلارنى ئاڭلىدۇق. «ئورام تېرە يازمىلار» بولسا ئۆز شەخسىي دوكلاتلىرىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ «رىم گراژدانلىق كىنىشكىسى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. پاۋلۇس ئۆزى ئەسلى «پەرىسىي مەزھەپ»تىكى بىر «راببىي» (تەلىم بەرگۈچى) بولغاچقا، چوقۇم 18 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن پۈتۈن تەۋرات-زەبۇرنى يادلاپ بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭا بۇ «يازمىلار» تەۋرات-زەبۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، چۈنكى ئۇنىڭغا كېرەك ئەمەس، دەپ قارايمىز. يەنە ئىككى ئورۇنلۇق قىياس بار: —

(1) مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇ تەۋرات-زەبۇرنىڭ گرېك تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئىشلىمەكتە ئىدى.

(2) شۇ چاغدا بىرنەچچە گۇۋاھچىلار كۆرگەنلىرى بويىچە رەب ئەيسانىڭ تەرجىمىھالىنى تەييارلاۋاتاتتى، ئۆز ھەمراھى لۇقا ئۇلار ئارىسىدا ئىدى. پاۋلۇس بۇ تەرجىمىھالنى كۆردى ۋە ئۇلارنى كۈچلەندۈرۈۋالدى.

بىز شۇنى يەنە كۆرستىمىزكى، گەرچە روسۇل پاۋلۇس خۇدادىن كەلگەن شۇنچە كۆپ ۋەھىيلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ تېخى ئۆگىنىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ مۇشۇ يەردىكى سۆزلىرى «كىتابلار بىزگە كېرەك ئەمەس، ھېچ يازمىلارنى ئوقۇماي، پەقەت دۇئا قىلىپ مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھىيلىرىنى كۈتىمىز» دەپ خام خىيال قىلغان بەزىلەرگە كۈچلۈك تەنبىھ بېرىدۇ.

(16:4) «تۇنجى قېتىملىق سوراقتا مېنىڭ ئاقلىنىشىمغا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم چىقمىدى، ھەممىسى مېنى تاشلاپ كەتتى. بۇ ئىش ئۇلارغا ھېسابلانمىغاي!»

پاۋلۇسنىڭ رەببىمىز ئەيسانىڭ ئىزلىرىنى شۇنچە يېقىن باسقانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. رەببىمىز ئەيسا ئېغىر سىناق ۋە سوراققا تارتىلىش ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئۇنىڭ بارلىق دوستلىرى ۋە مۇخلىسلىرى ئۇزىدىن تېنىپ كەتكەنىدى؛ پاۋلۇسنىڭ كۆپ دوستلىرى ۋە قېرىنداشلىرىمۇ ئوخشاش ئىش قىلغانىدى؛ پاۋلۇس رەبگە ئوخشاش: «بۇ ئىش ئۇلارغا ھېسابلانمىغاي!» دەپ دۇئا قىلىدۇ.

پۈتۈن رىم شەھرىدە ھېچقانداق قېرىنداش، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىلنىڭ پاۋلۇسنى قوللىغۇدەك بىر ئېغىز سۆز ئېيتىشقا ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى ئادەمنى سەگىتىدىغان ئىشتۇر؛ چۈنكى پۈتۈن ئىمپېرىيەدىكى گۇاژدانلار ئۇچۇن پاۋلۇستىن ئارتۇق ياخشىلىق قىلغان كىشى بولمىسا كېرەك. رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شۇنداق ئېسىل گۇاژدان ئۇستىدىن ئۆلۈم جازاسى چىقارغانلىقى ئۇزىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

(17:4) «لېكىن رەب مېنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇپ، مەن ئارقىلىق ئىنجىل جاكارى تولۇق قىلىنىپ، بۇ يەردىكى بارلىق يات ئەللىكلەردىن بولغانلارنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن مېنى كۈچلەندۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن مەن شىرنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزۇۋېلىندىم».

پاۋلۇسنىڭ قەيسەر نېرو (ئۇ ئەدەپلىك بىلەن شۇ دۆنى پەقەت «شىر» دەپ ئاتىدى) ئالدىدا ھازىر بولۇپ گۇۋاھلىق بېرىشى رەب ئەيسا ئەسلىدە ئوتتۇز يىل ئىلگىرى ئانانىياسقا ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزىدە دەل بېشارەت قىلىنغانىدى: «ئۇ نامىمنى ئەللەرنىڭ

ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ھەم ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا ئايان قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈمگە ئالاھىدە تاللىغان بىر ئەسۋابتۇر» (9:15) ۋە كېيىن رەب ئەيسا پاۋلۇسقا ئالامەت كۆرۈنۈشتە: «سەن مەن ئۈچۈن رىمدىمۇ چوقۇم گۇۋاھلىق بېرىسەن» دەپ ئېيتقان («روس.» 23:11).

بىز ئىشەنچلىك دەپ قارىغان، كۆپ جامائەتلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن بىر تارىخ بويىچە مىلادىيە 68-يىلى روسۇل پاۋلۇس رىم شەھىرى سىرتىدىكى «ئوستىي يول» بويىدا بېشى چېپىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن (روسۇل پېترۇس ئۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كرېستلىنىش بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن). شۇ چاغدا ئىمپېراتور نېرو بارلىق مەسىھىي ئېتىقادچىلارغا زور قاتتىق زىيانكەشلىك يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ئەمما رەب ئەيسانىڭ ئۇنداق مۆستەبىتلەرگە: «قىلىچ كۆتۈرگەنلەر قىلىچ ئاستىدا ھالاك بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغىنىدەك، پەقەت بىر يىلدىن كېيىنلا ئۇ قەستلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئىنجىل 17-قىسىم

# «تىتۇسقا»

# روسۇل پاۋلۇسنىڭ تىتۇسقا يازغان مەكتۇپى

## كىرىش سۆز

روسۇل پاۋلۇسنىڭ كېيىنكى يىللىرىنىڭ تارىخى، شۇنداقلا بۇ خەتنىڭ ئازراق ئارقا كۆرۈنۈشلىرى توغرۇلۇق «تىموتىيغا (1)»دىكى «كىرىش سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ. تىتۇس خۇش خەۋەرنى پاۋلۇسنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلاپ مەسىھگە ئىشەنگەنىدى (پاۋلۇس 4:1دە ئۇنى «ئورتاق ئېتىقادىمىزدا ئۆز ئوغلۇم بولغان تىتۇس» دەپ ئاتايدۇ). ئۇ كېيىن پاۋلۇسنىڭ «خۇش خەۋەرچى گۇرۇپپا»سىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ كۆپ سەپەرلەردە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئۇنىڭ توغرۇلۇق مۇھىم بىر پاكىت شۇكى، ئۇ يەھۇدىي ئەمەس، شۇنداقلا خەتنە قىلىنغان ئەمەس ئىدى («گالاتىيالىقلارغا» 1:2، 3:2). پاۋلۇسنىڭ كورىنتلىقلارغا يازغان ئىككىنچى مەكتۇپىدىكى كۆپ يەرلەردىن ئۇنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئادەمگە شۇنچە ئىشەنگەنلىكىنى ۋە ئۇنى شۇنچە ئەتىۋارلىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇ خەتتىكى 13:2، 6:7، 13:7-14، 6:8، 16:8، 23:8، 18:12نى كۆرۈڭ. بۇ ئايەتلەردە ئۇ تىتۇسنى «قېرىندىشىم»، «ھەمراھىم»، «خىزمەتدىشىم» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئاخىرقى ئايەتتە ئۇنىڭ توغرۇلۇق: «بىز ئىككىيلەن ئوخشاش بىر روھتا يۈرۈۋاتمامدۇق؟ بىزنىڭ باسقان ئىزىمىز ئوخشاش ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ.

پاۋلۇس ئاخىرقى سەپىرىدە كرىت ئارىلىدىن ئۆتكەنىدى. ئۇشبۇ خەتنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ نۇرغۇن ئادەملەر خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا جامائەتلەردە يىغىلغان بولۇسا كېرەك. پاۋلۇسنىڭ باشقا يەرلەردە جىددىي ئىشلىرى بولغاچقا تىتۇسنى شۇ يەردە

قالدۇرغانىدى. سەۋەبى 5:1دە بايان قىلىنىدۇ: —

«سېنى كرىت ئارىلىدا قالدۇرۇشتىكى سەۋەب، ئورۇندىلىپ بولمىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىڭ ئۈچۈن ۋە ھەر شەھەردە ساڭا تاپىلىغىنىمدەك جامائەتكە ئاقساقاللارنى تىكلىشىڭ ئۈچۈن ئىدى».

شۇنىڭدەك ئاقساقاللارنىڭ قانداق سالاھىيتى بولۇشى، ئۇلارنىڭ تاللىنىش يولى بۇ مەكتۇپنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولىدۇ.

كرىت ئوتتۇرا دېڭىزغا جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 450 كىلومېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 70 كىلومېتر بولغان چوڭ ئارال. پاۋلۇس بىلەن تىتۇس ئۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدا پۈتۈن ئاھالىسى بەلكىم 300 مىڭ ئادەم ئىدى. ئۇلار ئارال ئەتراپىدىكى 100 كىچىك «شەھەر»دە بۆلۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۆپىرىقى ئىنتايىن مۇنبەت، ھاۋاسى مول ھوسۇل ئېلىشقا ئىنتايىن باپ كېلىدۇ؛ شۇڭا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرمەي ھەرخىل زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئارالدا كۆپ تاغلىق يەرلەر بولۇپ، قوي ۋە ئۆچكە پادىلىرىنى باقىلى بولىدۇ. پاۋلۇس شۇ يەردە بولغان ۋاقىتدا ئۇ رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاستىدىكى بىر ئۆلكە ئىدى.

پاۋلۇس بىلەن تىتۇس شۇ يەرگە بارغاندا خەلقلەر ئىچىدە ئاللىقاچان ئېتىقادچىلار بار بولۇشى مۇمكىن ئىدى؛ چۈنكى مۇقەددەس روھ يېرۇسالېمدىكى جامائەتكە چۈشكەن كۈنىدە روسۇل پېترۇسنىڭ مەسىھنى جاكارلىغىنىنى ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا كرىتلىق بەزى يەھۇدىيلار بار ئىدى («روس.» 11:2).

پاۋلۇس كرىتلىقلارنىڭ مىجەز-خۇلقى توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ ئېپىمېنىدېس ئىسىملىك بىر شائىرىنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئۆز يۇرتداشلىرى توغرۇلۇق مۇنداق يازغان:

— «كرىتلار ھەمىشە يالغان سۆزلەيدىغانلار، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە ھورۇن تويماسلاردۇر». پاۋلۇس ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى تەستىقلايدۇ. بۇنىڭ ئۈستىدە ئويلاپ باقساق، مۇشۇنداق يامان ئىللەتلەر بىر ئادەمدە مۇجەسسەملەشكەن بولسا، بۇ ئىنتايىن ئالاھىدە ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ھورۇنلۇق بىلەن زوراۋانلىق ئەينى بىر ئادەمدە كۆرۈلمەيدۇ. مۇشۇنداق بىر خەلق بىلەن باردى-كەلدى قىلىش تولىمۇ تەس ئىش! مۇشۇ سۆزدىن يەنە شۇنى بىلىمىزكى، ھەربىر خەلق ياكى مىللەتنىڭ «پەۋقۇلئاددە گۇناھلىرى» بولىدۇ. ھالبۇكى، خۇدا ئالدىدا مەلۇم بىر ئەلنىڭ بۇ «پەۋقۇلئاددە گۇناھلىرى» ئۇلارنى باشقا ئەللەردىن ئەلا ياكى بەتتەر قىلمايدۇ — ھەربىر ئەلنىڭ پەۋقۇلاددە گۇناھلىرى بار،

شۇنداقلا ھەربىر ئىنسان بەربىر گۇناھكاردۇر. لېكىن خۇدانىڭ جارچىسى ئۆزى بارغان يەردىكى خەلقنىڭ مۇشۇنداق «پەۋقۇلئاددە گۇناھلىرى»دىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەلۇم ئەلنىڭ خىزمىتىدە بولغاندا، ئۇلارغا قايسى گۇناھلاردىن ئالاھىدە ھېزى بولۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا توغرا ئاگاھلاندۇرۇشقا قوراللانغان بولىدۇ (13:1-16نى كۆرۈڭ). بەزىلەر بەلكىم: «كىشىلەر مەسىھگە ئىشەنگەندىن كېيىنلا، ئۇلارنىڭ كونا گۇناھلىرىمۇ يوقاپ كەتكەن» دېيىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئىش كۆپ قېتىملاردا خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشنىڭ ئېنىق ياكى ئېنىق ئەمەسلىكى بىلەن باغلىقتۇر. مۇقەددەس روھنىڭ كۈچلۈك ۋەھىيىسى بولمىسا كونا ئىللەتلەر جامائەتتە ئاسانلا قايتا پەيدا بولىدۇ ۋە مانا شۇ سەۋەبتىن پاۋلۇس كرېت خەلقىنىڭ «ئالاھىدە گۇناھلىرى» توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ.

يەنە دېمىسەك بولمايدۇكى، خەتنىڭ كۆپ يەرلىرى («تىموتىيغا (1)»نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا ئوخشاش) پەقەت تىتۇسقىلا ئەمەس، بەلكى «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا!» دېگەندەك، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان جامائەتكىمۇ قارىتىلغان. پاۋلۇسنىڭ خەتتە بولغان مەقسەتلىرى جامائەتنىڭ بۇ خەتنى ئوقۇشى ۋە جامائەتنىڭ ئۇنىڭ تىتۇسقا جېكىلىگەنلىرىنى بىلىۋېلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. خەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، گەرچە پاۋلۇس تىتۇسنى ئاقساقاللارنى تاللاپ بېكىتىشكە قالدۇرغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش جەريانىدا بەزىلەرنىڭ كەمسىتىشلىرىگە دۇچ كەلگەنىدى. كەمسىتىشنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ياش بولغانلىقىدىن ئەمەس (تىموتىي شۇ سەۋەبتىنمۇ بەزىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىغان)، بەلكى ئۇنىڭ يەھۇدىي بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك؛ بەزى يەھۇدىي ئېتىقادچىلار بەلكىم «بىز خۇدا تاللىغان خەلقتىن بولغان ئەمەسمۇبىز؟» دەپ ئۆزلىرىنى باشقا ئەلدىن بولغان ئېتىقادچىلاردىن ئەۋزەل چاغلىغانىدى (15:2نى كۆرۈڭ، «1تىم» 12:4 بىلەن سېلىشتۇرۇڭ). بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «ئۇنىڭ ئاقساقاللارنى تاللىغۇدەك نېمىسى بار؟» دەپ گۇمانلانغان. مۇشۇنداق گۇمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تىتۇسقا نىسبەتەن ئاللىقاچان ئېنىق بولغان ۋەزىپىنى پاۋلۇس خېتىدە قايتا تاپىلايدۇ — دېمەك، ئۇنىڭ روسۇلنىڭ بىۋاستە يوليورۇقى ۋە تولۇق ھوقۇقى بىلەن ئاقساقاللارنى تاللاپ بېكىتىش ۋەزىپىسى بار دەپ ئىسپاتلىنىدۇ.

كرېتتىكى جامائەتلەرنىڭ ھەممىسى مەسىھنى قۇتقۇزغۇچىم دەپ ئېتىراپ قىلغان، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات

قانۇندىكى «رەسىم-يوسۇن»لارنى جامائەتكە يۈكلىمەكچى بولغان بەزى يەھۇدىي قېرىنداشلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «نەسەبنامە»لىرى بىلەن بەند بولۇپ بۇلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشقانىدى، شۇنىڭدەك تايىنى يوق يەھۇدىي ئەپسانىلىرىگە كۆپ كۆڭۈل بۆلەتتى (بۇ توغرۇلۇق «تىموتىيغا (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ).

ھەربىر خېتىدىكىدەك پاۋلۇس خۇدانىڭ بۇ ئادىمىنىڭ جامائەتكە نەمۇنە كۆرسىتىشىنى جېكىلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ جامائەتنى ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان دۇنيا ئالدىدا خۇدانىڭ مۇھەببىتى، سەۋر-تاقەتلىكى، ھەققانىيلىقى، مۇقەددەسلىكى ۋە ھەقىقەتلىكىنى كۆرسىتىدىغان نەمۇنە بولۇشقا جېكىلىشىنى تاپىلايدۇ (1:2-9:3).

## مەزمۇن: -

1. سالام (1-باب 1-4-ئايەتلەر)
2. جامائەت ئاقساقاللىرىنىڭ سالاھىيىتى (1-باب 5-16)
3. جامائەت ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى (2-باب)
4. يوليورۇق ۋە ئاگاھلاندۇرۇش (3-باب 1-11)
5. ئاخىرقى سۆز (3-باب 12-15-ئايەتلەر)

# تىتۇسقا

## روسۇل پاۋلۇس تىتۇسقا يازغان مەكتۇپ
## سالام

1 [1] خۇدانىڭ تاللىغانلىرىغا ئامانەت بولغان ئېتىقاد ۋە
ئىخلاسمەنلىككە ئېلىپ بارىدىغان ھەقىقەتنىڭ بىلدۈرۈلۈشى
ئۈچۈن، ئەيسا مەسىھنىڭ روسۇلى قىلىپ تەيىنلەنگەن، خۇدانىڭ
قۇلى بولغان مەنكى پاۋلۇستىن ساڭا سالام ــ [2] (بۇ ئېتىقاد ۋە ھەقىقەت
مەڭگۈلۈك ھاياتقا باغلانغان ئۈمىدنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ بۇ مەڭگۈلۈك
ھاياتنى مۇتلەق يالغان ئېيتمايدىغان خۇدا ھەممە دەۋر-زامانلاردىن
ئىلگىرىلا ۋەدە قىلغانىدى؛ [3] لېكىن ھازىر ۋەدىسىنىڭ ۋاقتى كېلىپ
قۇتقۇزغۇچىمىز خۇدا بۇنىڭ كالام-خەۋىرىنى ئۆز ئەمرى بىلەن ماڭا
تاپشۇرغان جاكار ئارقىلىق ئاشكارىلىدى) [4] ــ ئورتاق ئېتىقادىمىزدا
ئۆز ئوغلۇم بولغان تىتۇسقا سالام! خۇدائاتىمىز ۋە نىجاتكارىمىز
مەسىھ ئەيسادىن ساڭا مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك بولغاي!

---

1:1 **«خۇدانىڭ تاللىغانلىرىغا ئامانەت بولغان ئېتىقاد ۋە ئىخلاسمەنلىككە ئېلىپ بارىدىغان ھەقىقەتنىڭ بىلدۈرۈلۈشى ئۈچۈن...»** ــ بۇ سۆز بولسا: (1) خۇدانىڭ ئۆزى تاللىغان خەلقىگە تاپشۇرغان ئۆزگەرمەس ئېتىقادقا مۇۋاپىق، خۇدانىڭ ئۇنىڭدا بولغان مەقسىتى ئۈچۈن؛ (2) خۇدانىڭ تاللىغانلىرىنى مۇشۇ ئېتىقادقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن؛ (3) خۇدانىڭ تاللىغانلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن دېگەن ئۈچ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

**2:1** چۆل. 19:23؛ رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 13:2؛ 1پېت. 20:1.

**3:1** روس. 24:20؛ 2كور. 12:2؛ 14:7؛ 6:8، 16؛ گال. 1:1؛ 3:2.

4:1 **«ئورتاق ئېتىقادىمىزدا ئۆز ئوغلۇم بولغان تىتۇسقا...»** ــ بۇ ئىبارە شۈبھىسىز شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تىتۇس خۇش خەۋەرنى ئەسلىدە پاۋلۇستىن ئاڭلىغان ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ھاياتقا ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن (پاۋلۇس باشقا يەرلەردە كۆپ ئېيتقىنىدەك) روھىي جەھەتتىن تىتۇسنى خۇش خەۋەر ئارقىلىق «تۇغدى» ۋە ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن ئاتىدەك بولدى.

**4:1** ئەف. 2:1؛ كول. 2:1؛ 2تىم. 2:1؛ 1پېت. 2:1.

## تىتۇسنىڭ كرېت ئارىلىدىكى خىزمىتى

[5]سېنى كرېت ئارىلىدا قالدۇرۇشتىكى سەۋەب، ئورۇندىلىپ
بولمىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىڭ ئۈچۈن ۋە ھەر شەھەردە
ساڭا تاپىلىغىنىمدەك جامائەتكە ئاقساقاللارنى تەيىنلىشىڭ
ئۈچۈن ئىدى. [6]ئاقساقاللىققا تەيىنلىنىدىغان كىشى ئەيىبسىز
بولۇشى، بىر ئاياللىق، پەرزەنتلىرى بولسا ئېتىقاد قىلغۇچى
بولۇشى ۋە ئىشلىرىدا شاللاقلىق قىلىدىغان ياكى ئاتا-ئانىسىغا
بويسۇنمايدىغان ئەيىبلىرى بولمىغان بولۇشى كېرەك.
[7]چۈنكى جامائەتنىڭ يېتەكچىسى خۇدانىڭ ئائىلىسىگە غوجىدار
بولۇش سۈپىتىدە، ئەيىبسىز بولۇشى كېرەك؛ باشباشتاق ئەمەس،
تېرىككەك ئەمەس، ھاراق-شارابقا بېرىلگەن ئەمەس، زوراۋان ئەمەس،
نەپسانىيەتچى ئەمەس، [8]بەلكى مېھماندوست، ساخاۋەتلىك،
ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، سالماق، ئادىل، ئىخلاسمەن ۋە ئۆزىنى

---

**5:1** 2تىم. 2:2.

6:1 **«ئاقساقاللىققا تەيىنلىنىدىغان كىشى ئەيىبسىز بولۇشى، بىر ئايالLIق... بولۇشى كېرەك»** ــ «بىر ئايالLIق» ياكى «بىر ئايالنىڭ ئېرى»، بەلكىم «ئۆز ئايالىغا سادىق» دېگەن مەنىدە. بۇ توغرۇلۇق «تىموتىيغا (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. **«پەرزەنتلىرى بولسا ئېتىقاد قىلغۇچى بولۇشى ... كېرەك»** ــ ياكى، «پەرزەنتلىرى بولسا سادىق بولۇشى... كېرەك».

**6:1** 1تىم. 3:2.

7:1 **« جامائەتنىڭ يېتەكچىسى خۇدانىڭ ئائىلىسىگە غوجىدار بولۇش سۈپىتىدە، ئەيىبسىز بولۇشى كېرەك؛ باشباشتاق ئەمەس...»** ــ «باشباشتاق» ــ گرېك تىلىدا بۇ سۆز «شەخسىيەتچى، مەنمەنچى» دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«ھاراق-شارابقا بېرىلگەن ئەمەس، زوراۋان ئەمەس، نەپسانىيەتچى ئەمەس...»** ــ «نەپسانىيەتچى» گرېك تىلىدا «ئۆزىنى بۇلغايدىغان نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلگەن» دېگەن بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزگە قارىغاندا، پۇل ۋە مال-دۇنيانى قوغلىشىش ئىنساننى ھارام قىلىپ بۇلغايدۇ. بۇ تېما توغرىسىدا يەنە «لۇقا» 9:16-11 ۋە شۇ ئايەتلەردىكى ئىزاھاتلارنى ۋە «لۇقا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىكى 16-باب توغرۇلۇق «ناھەق دۇنياغا تەۋە بولغان مال-دۇنيا» دېگەن مەزمۇننى كۆرۈڭ.

**7:1** لاۋ. 9:10؛ مات. 45:24؛ 1كور. 1:4؛ ئەف. 18:5؛ 1تىم. 3:3، 15؛ 1پېت. 2:5.

تۇتۇۋالغان بولۇشى لازىم. 9 ئۇ يەنە ساغلام تەلىم بىلەن رىغبەت-
تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ۋە قارشى چىققۇچىلارغا رەددىيە بېرىش
ئۈچۈن، تاپشۇرۇلغان تەلىمدىكى ئىشەنچلىك كالام-سۆزدە چىڭ
تۇرۇشى كېرەك.
10 چۈنكى ھازىر بىمەنە سۆز قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ
ئېزىتقۇلۇق قىلىدىغان، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان كۆپلىگەن
كىشىلەر بار، بولۇپمۇ خەتنىلىكلەردىن چىققانلار بار. 11 ئۇلارنىڭ
ئاغزىنى ئېتىش كېرەك؛ چۈنكى ئۇلار ھارام دۇنيانى دەپ ئۆگىتىشكە
تېگىشلىك بولمىغان تەلىملەرنى ئۆگىتىپ، ھەتتا پۈتۈن ئائىلىلەرنى
نابۇت قىلماقتا. 12 شۇلاردىن بىرى، يەنى كرېت ئارىلىدىكىلەرنىڭ
ئۆزىنىڭ بىر پەيغەمبىرى: «كرېتلار ھەمىشە يالغان سۆزلەيدىغانلار،

---

8:1 **«بەلكى مېھماندوست، ساخاۋەتلىك، ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، سالماق، ئادىل، ئىخلاسمەن ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇشى لازىم»** ــ گرېك تىلىدا «ساخاۋەتلىك، ياخشىلىقنى سۆيىدىغان» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**8:1** 1تىم. 2:3.

9:1 **«ئۇ يەنە ساغلام تەلىم بىلەن رىغبەت-تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ۋە قارشى چىققۇچىلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن...»** ــ «ساغلام تەلىم» بولسا پاۋلۇسنىڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئىبارىسى. خۇدادىن كەلگەن تەلىم ھەقىقەت، توغرا ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىنى قوبۇل قىلغانلاردا ساق، ساغلام روھىي ھاياتنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ.

10:1 **«... كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ ئېزىتقۇلۇق قىلىدىغان، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان كۆپلىگەن كىشىلەر بار، بولۇپمۇ خەتنىلىكلەردىن چىققانلار بار»** ــ «خەتنىلىكلەردىن چىققانلار» يەھۇدىيلار ياكى ئەسلىدە يەھۇدىيلارنىڭ «سىناگوگ»ىغا قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈن خەتنە قوبۇل قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار «خەتنىلىكلەر»نى خەتنىلىكنى قوبۇل قىلىش كېرەك دەپ تەلىم بەرگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى 11-ئايەتكە قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھەرتۈرلۈك زىيانلىق تەلىملىرى بار ئىدى.

**10:1** روس. 1:15.

11:1 **«ئۇلار ھارام دۇنيانى دەپ ئۆگىتىشكە تېگىشلىك بولمىغان تەلىملەرنى ئۆگىتىپ، ھەتتا پۈتۈن ئائىلىلەرنى نابۇت قىلماقتا»** ــ «ھارام دۇنيانى دەپ»: ــ تەلىم (مەيلى توغرا بولسۇن، ناتوغرا بولسۇن) بېرىشتىكى مەقسەت دۇنياغا ئېرىشىش بولسا بەرىبىر ھارام ئىش بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

**11:1** مات. 14:23؛ 2تىم. 6:3.

ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە ھورۇن تويماسلاردۇر» دېگەن.
14-13 بۇ گۇۋاھلىق ھەقىقەتتۇر؛ شۇڭا ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ساغلام تۇرۇشى ئۈچۈن، شۇنداقلا يەھۇدىي ئەپسانىلەرگە ۋە ھەقىقەتتىن چەتنىگەنلەر توقۇۋالغان ئىنسانىي قائىدە-بەلگىلىمىلەرگە قۇلاق سالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ ئاگاھلاندۇرغىن.
15 پاك كىشىلەر ئۈچۈن ھەممە نەرسە پاك؛ لېكىن بۇلغانغان ناپاكلار ۋە ئېتىقادسىزلار ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسە پاك ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوي-پىكرلىرىمۇ، ۋىجدانىمۇ بۇلغىنىپ كەتكەن. 16 ئۇلار خۇدانى تونۇيمىز دەپ داۋراڭ قىلىسىمۇ، لېكىن ئەمەللىرىدە ئۇنىڭدىن تانىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار يىرگىنچلىكلەر، ھېچگەپ ئاڭلىمايدىغانلار، ھېچقانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يارىمايدىغانلاردۇر.

## ساغلام تەلىمگە لايىق ياشاش

2 1 لېكىن سەن بولساڭ ساغلام تەلىمگە قانداق ئۇيغۇن ياشاشنى ئۆگىتىشىڭ كېرەك. 2 ياشانغان ئەرلەرگە، ھوشيار، سالماق، تەمكىن، ئېتىقادتا، مېھىر-مۇھەببەتتە ۋە سەۋر-تاقەتتە ساغلام بولۇشنى تاپىلىغىن. 3 شۇنىڭدەك، ياشانغان ئاياللارغا يۈرۈش-

12:1 «شۇلاردىن بىرى، يەنى كرېت ئارىلىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بىر پەيغەمبىرى: «كرېتلار ھەمىشە يالغان سۆزلەيدىغانلار، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە ھورۇن تويماسلاردۇر» دېگەن» — كرېتلىق شائىر ئېپىمېنىدىس، مىلادىيەدىن ئىلگىرى ئالتىنچى ئەسىردە يازغان شېئىر. «ھورۇن تويمىغۇرلار» گرېك تىلىدا «لۆم-لۆم ئاشقازانلار» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ — دېمەك، ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىدىن باشقا ئەزالىرى يوق ئوخشايدۇ.
14-13:1 «شۇنداقلا يەھۇدىي ئەپسانىلەرگە ۋە ھەقىقەتتىن چەتنىگەنلەر توقۇۋالغان ئىنسانىي قائىدە-بەلگىلىمىلەرگە قۇلاق سالماسلىقى ئۈچۈن...» — «يەھۇدىي ئەپسانىلەر» توغرۇلۇق «تىموتىيغا (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىز (4:1 ۋە 4:7-ئايەتلەر ئۈستىدە توختالغىنىمىز)نى كۆرۈڭ. «...ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ ئاگاھلاندۇرغىن» — «ئۇلارنى» بولسا «كرېتتىكى ئېتىقادچىلارنى».
14-13:1 يەش. 13:29؛ مات. 9:15؛ كول. 22:2؛ 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 20:6.
15:1 مات. 11:15؛ 25:23؛ روس. 15:10؛ رىم. 20:14، 23.

تۇرۇشتا ئىخلاس-مۇقەددەسلىككە لايىق بولۇشنى، چېقىمچىلىق
قىلماسلىقنى، هاراق-شارابقا بېرىلمەيدىغان بولۇشنى، گۈزەل
ئىشلارنى ئۆگەتكۈچىلەر بولۇشنى تاپىلىغىن. [4-5] بۇنىڭ بىلەن ئۇلار
ياش ئاياللارغا ئەرلىرىگە كۆيۈنۈش، بالىلىرىغا كۆيۈنۈش، سالماق
بولۇش، پاك بولۇش، ئۆي ئىشلىرىنى پۇختا قىلىش، مېھرىبان
بولۇش ۋە ئۆز ئەرلىرىگە بويسۇنۇشنى ئۆگىتەلەيدۇ. شۇنداق بولغاندا
خۇدانىڭ سۆزى قارىلانمايدۇ.
[6] شۇنىڭدەك ياش ئەرلەرنىمۇ سالماق بولۇشقا جېكىلىگىن. [7] ئۆزۈڭمۇ
ھەممە ئىشتا گۈزەل ئەمەللىرىڭ بىلەن ئۇلارغا ئۈلگە بولغىن؛ تەلىم
بەرگىنىڭدە پاك-دىيانەتلىك، ئېغىر-بېسىق بولۇپ، [8] ھېچكىم
قۇسۇر تاپالمايدىغان، ساغلام سۆزلەرنى يەتكۈزگىن؛ بۇنىڭ بىلەن،
قارشى چىققۇچىلار بىز توغرۇلۇق يامان گەپ قىلىدىغان يەرنى
تاپالماي خىجىل بولىدۇ.
[9] قۇللارغا ئۆز خوجايىنلىرىنى ھەممە ئىشتا قانائەتلەندۈرۈپ ئۇلارغا
بويسۇنۇشنى ئۆگەتكىن. ئۇلار گەپياندۇرماي، [10] ئوغرىلىق قىلماي،
ئۆزلىرىنىڭ ھەر جەھەتتە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسۇن.
ئۇلار بۇنىڭ بىلەن قۇتقۇزغۇچىمىز خۇدانىڭ تەلىماتىغا ھەر
جەھەتتىن زىننەت بولىدۇ.
[11] چۈنكى خۇدانىڭ نىجاتنى بارلىق ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان
مېھىر-شەپقىتى ئايان بولدى؛ [12] ئۇ بىزگە ئىخلاسسىزلىق ۋە بۇ
دۇنيانىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى رەت قىلىپ، ھازىرقى زاماندا

3:2 1تىم. 9:2؛ 13:5؛ 1پېت. 3:3.
4:2-5 يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 22:5؛ كول. 18:3؛ 1پېت. 1:3.
7:2 1تىم. 12:4؛ 1پېت. 3:5.
8:2 1پېت. 12:2، 15؛ 16:3.
9:2 ئەف. 5:6؛ كول. 22:3؛ 1تىم. 1:6، 2؛ 1پېت. 18:2.
10:2 **«... ئۆزلىرىنىڭ ھەر جەھەتتە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسۇن»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... ئۇلار ئېتىقادىنىڭ ھەر جەھەتتە ياخشىلىقىنى كۆرسىتىپ بەرسۇن».

سالماق، ھەققانىي، ئىخلاسمەن ھاياتنى ئۆتكۈزۈشىمىز بىلەن،
[13] ئۇلۇغ خۇدا، نىجاتكارىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان-شەرەپ
بىلەن كېلىدىغانلىقىغا بولغان مۇبارەك ئۈمىدىمىزنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشنى ئۆگەتتىدۇ. [14] ئۇ بەدەل تۆلەپ
بىزنى ھەممە ئىتائەتسىزلىكلەردىن ئازاد قىلىش ھەمدە بىزنى ئۆزى
ئۈچۈن پاك قىلىپ، ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان، ياخشى ئەمەللەرگە
قىزغىن ئىنتىلىدىغان خەلق قىلىشقا بىز ئۈچۈن قۇربان بولدى.
[15] بارلىق ھوقۇقۇڭنى ئىشلىتىپ بۇ ئىشلارنى جاكارلاپ ئېيتقىن،
نەسىھەت بېرىپ جېكىلىگىن ۋە ئاگاھلاندۇرغىن. ھېچكىم سېنى
كەمسىتمىسۇن.

## ئېتىقادچىلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

3 [1] جامائەتتىكىلەرگە شۇنى ئەسلىتىپ تۇرغىنكى، ئۇلار
ھۆكۈمرانلارغا ۋە ھوقۇقدارلارغا بويسۇنۇپ، شۇلارنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىسۇن، ھەرقانداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تەييار تۇرسۇن،

---

**12:2** ئەف. 4:1. كول. 22:1؛ 2تىم. 9:1؛ 1يۇھ. 16:2.

13:2 **«ئۇلۇغ خۇدا، نىجاتكارىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان-شەرەپ بىلەن كېلىدىغانلىقىغا بولغان مۇبارەك ئۈمىدىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشنى ئۆگەتتىدۇ»** — تولۇق 12-13-ئايەتنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇ بىزگە ئىخلاسسىزلىق ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى رەت قىلىپ، ھازىرقى زاماندا سالماق، ھەققانىي، ئىخلاسمەن ھاياتنى ئۆتكۈزۈشنى ئۆگەتتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىز بۇنىڭ بىلەن مۇبارەك ئۈمىدىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى، يەنى ئۇلۇغ خۇدا، نىجاتكارىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئايان قىلىنىشىنى تەلپۈنۈپ كۈتىمىز».

**13:2** 1كور. 7:1؛ فىل. 20:3.

14:2 **«ئۇ بەدەل تۆلەپ بىزنى ھەممە ئىتائەتسىزلىكلەردىن ئازاد قىلىش ھەمدە بىزنى ئۆزى ئۈچۈن پاك قىلىپ، ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان، ياخشى ئەمەللەرگە قىزغىن ئىنتىلىدىغان خەلق قىلىشقا بىز ئۈچۈن قۇربان بولدى»** — تەۋرات، «زەب.» 8:130، «ئەز.» 23:37، «قان.» 2:14نى كۆرۈڭ.

**14:2** گال. 4:1؛ 20:2؛ ئەف. 10:2؛ 2:5؛ ئىبر. 14:9؛ مىس. 5:19

**15:2** 1تىم. 12:4.

**1:3** رىم. 1:13، 3-7؛ 1پېت. 13:2.

2 ھېچكىمنىڭ يامان گېپىنى قىلمىسۇن، جېدەلخور بولمىسۇن، مۇلايىم
بولسۇن، ھەممە ئادەمگە ھەر جەھەتتە مۆمىنلىك كۆرسەتسۇن.
3 چۈنكى بىز ئۆزىمىزمۇ ئەسلىدە نادان بولۇپ، ئىتائەتسىز،
ئازدۇرۇلغان، ھەرخىل شەھۋەت-ھەۋەسلەرنىڭ ھەم لەززەتلەرنىڭ
قۇلى بولغان، رەزىللىك ۋە ھەسەتخورلۇق ئىچىدە ياشىغان، نەپرەتلىك
بولغان ھەم بىر-بىرىمىزدىن نەپرەتلىنىدىغانلاردىن ئىدۇق. 4 بىراق
قۇتقۇزغۇچىمىز خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان مېھرىبانلىقى ۋە
مېھىر-مۇھەببىتى ئايان بولۇشى بىلەن، 5 (ئۆزىمىزنىڭ قانداقتۇر
ھەققانىي ئەمەللىرىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ رەھىم-
شەپقىتى بىلەن) يېڭىدىن تۇغۇلۇشتا يۇيۇشلىرى ۋە مۇقەددەس
روھتا يېڭىلىشى ئارقىلىق ئۇ بىزنى قۇتقۇزدى؛ 6 بۇ روھنى خۇدا
نىجاتكارىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ۋۇجۇدىمىزغا مول قۇيدى.
7 بۇ ئارقىلىق، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن ھەققانىي قىلىنىپ،
مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش ئۈمىدىنى تۇتقان مىراسخورلار بولدۇق.
8 بۇ سۆزلەر ئىشەنچلىكتۇر ۋە بۇ ھەقىقەتلەرنى ئالاھىدە
تەكىتلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. شۇنداق قىلغىنىڭدا، خۇداغا
ئېتىقاد قىلغانلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بېرىلىشكە

---

2:3 **«ھېچكىمنىڭ يامان گېپىنى قىلمىسۇن، جېدەلخور بولمىسۇن، مۇلايىم بولسۇن، ھەممە ئادەمگە ھەر جەھەتتە مۆمىنلىك كۆرسەتسۇن»** — تەۋرات-ئىنجىلدا «مۆمىنلىك»نىڭ نېمە مەنىسى بارلىقى توغرۇلۇق «كولوسسىدىكىلەرگە»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى (12:3 ئۈستىدە توختالغىنىمىزنى) كۆرۈڭ.

**2:3** فىل. 5:4؛ 2تىم. 24:2، 25.

**3:3** 1كور. 11:6؛ ئەف. 1:2؛ كول. 7:3؛ 1پېت. 3:4.

5:3 **«... يېڭىدىن تۇغۇلۇشتا يۇيۇشلىرى ۋە مۇقەددەس روھتا يېڭىلىشى ئارقىلىق ئۇ بىزنى قۇتقۇزدى»** — «يېڭىدىن تۇغۇلۇشتا يۇيۇشلىرى» گرېك تىلىدا «يېڭىدىن تۇغۇلۇشتىكى «داس سۈيى»». تەۋرات دەۋرىدىكى زامانلاردا كاھىنلار ئىبادەتخانىدا خۇداغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن پۈتكۈل تەنلىرىنى چوڭ داس («دېڭىز») ئىچىدە يۇيۇشى كېرەك ئىدى. بۇ يەردە تەن ئەزالىرىنى يۇيۇش ئەمەس، ئادەمنىڭ پۈتكۈل روھىنىڭ يۇيۇنىشى كۆرسىتىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

**5:3** روس. 11:15؛ رىم. 20:3، 28؛ 2:4، 6؛ 11:9؛ 6:11؛ گال. 16:2؛ ئەف. 4:1؛ 4:2، 9؛ 2تىم. 9:1.

**6:3** ئەز. 25:36.

كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ ئىشلار ئىنسانلار ئۈچۈن گۈزەل ۋە پايدىلىق.
[9] بىراق ئەخمىقانە مۇنازىرىلەر، نەسەبنامىلەردىكى قۇرۇق گەپلەر،
جېدەل-ماجىرالار، تەۋرات قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك تالاش-تارتىشلاردىن
ئۆزۈڭنى نېرى تۇتقىن؛ چۈنكى بۇلار پايدىسىز ۋە بىمەنىلىكتۇر.
[10] ئارىغا بۆلگۈنچىلىك قىلغۇچى ئادەمنى بولسا بىر-ئىككى قېتىم
ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان باردى-كەلدىنى
ئۈزۈۋەت؛ [11] چۈنكى بۇنداق ئادەمنى ھەقىقەتتىن چەتنىدى، گۇناھ
سادىر قىلىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى ئۆزى جازاغا مەھكۇم قىلغان دەپ
بىلىسەن.

## ئاخىرقى سۆز

[12] ئارتېماسنى ياكى تىخىكۇسنى ساڭا ماڭدۇرغاندا، مۇمكىن قەدەر
تېزرەك نىكوپولىس شەھىرىگە مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن، چۈنكى ئۇ
يەردە قىشلىماقچى بولۇۋاتىمەن. [13] ئادۋوكات زىناس بىلەن ئاپوللوسنىڭ
سەپىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ھىممىتىڭنىڭ بارىچە ئۇزاتقىن؛ كەم-
كۈتىلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىققىن. [14] بىزنىڭ قوۋمىمىز
مېۋىسىز قالماسلىقى ئۈچۈن ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىپ، ئۆزلىرىنى
گۈزەل ئەمەللەرنى قىلىشقا بېغىشلاشنى ئۆگەنسۇن.
[15] يېنىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ساڭا سالام. ئېتىقادتا بىزنى
سۆيىدىغانلارغا سالام ئېيت.
مېھىر-شەپقەت ھەممىڭلارغا يار بولغاي!

**9:3** 1تىم. 1:4؛ 4:7؛ 6:20؛ تىت. 1:14.

**10:3 «ئارىغا بۆلگۈنچىلىك قىلغۇچى ئادەمنى بولسا بىر-ئىككى قېتىم ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان باردى-كەلدىنى ئۈزۈۋەت»** — «ئارىغا بۆلگۈنچىلىك قىلغۇچى ئادەم» جامائەتنى (بەلكىم ئادەمنى ئازدۇرىدىغان تەلىم بىلەن) بۆلمەكچى بولىدۇ.

**10:3** مات. 18:17؛ رىم. 16:17؛ 2تېس. 3:6؛ 2تىم. 3:5؛ 2يۇھ. 10.

**12:3** روس. 20:4؛ ئەف. 6:21؛ 2تىم. 4:12.

**13:3** روس. 18:24؛ 1كور. 1:12.

# قوشۇمچە سۆز

1:2 «بۇ ئېتىقاد ۋە ھەقىقەت مەڭگۈلۈك ھاياتقا باغلانغان ئۈمىدنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ بۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنى مۇتلەق يالغان ئېيتمايدىغان خۇدا ھەممە دەۋر-زامانلاردىن ئىلگىرىلا ۋەدە قىلغانىدى».

پاۋلۇس مۇشۇ يەردە خۇدا «مەڭگۈ ھايات» «ھەممە دەۋر-زامانلاردىن ئىلگىرىلا» ۋەدە قىلغان، دەيدۇ. تەبىئىي ھالدا بىر سوئال تۇغۇلىدۇكى، خۇدانىڭ بۇ ۋەدىسى كىمگە قىلىنغان؟ ئەگەر ئۇ «ھەممە دەۋر-زامانلاردىن ئىلگىرىلا» ۋەدە قىلغان بولسا، شۇ چاغدا يا پەرىشتىلەر يا ئادەملەر تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىردىنبىر خۇلاسە شۇ بولۇش كېرەككى، بۇ ۋەدە خۇدائاتا تەرىپىدىن ئوغلىغا ئېيتىلغان. ئوغلى توغرۇلۇق ئىنجىلدا «ئۇنىڭدا (ئەسلى) ھايات ئىدى» دەپ ئوقۇيمىز («يۇھ.» 1:3-4). شۇنىڭ بىلەن ۋەدە ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىۋاستە ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى زامانلاردا، مەڭگۈلۈك ھايات بىلەن ياشاۋاتقان بىر خەلق (يەنى، جامائەت)نىڭ ئوغلىغا بېغىشلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن، دەپ قارايمىز. بۇ ۋەدە يەنە، «ئىبر.» 13:20دە كۆرسىتىلگەن «مەڭگۈلۈك ئەھدە» بىلەن بىر گەپ دەپ ئىشىنىمىز. ھازىرقى ئىنجىل دەۋرىدە ئىنسان تەرىپىدىن بۇ ئەھدە «يېڭى ئەھدە» دەپ ئاتىلىدۇ؛ لېكىن خۇدانىڭ نەزىرىدە ئۇ «مەڭگۈلۈك ئەھدە»دۇر. چۈنكى «يېڭى ئەھدە» ئەمەلىيەتتە ھەممە دەۋر-زامانلاردىن ئىلگىرىلا خۇدانىڭ كۆڭلىگە پۈكۈلگەن، يەنى ئاتا ۋە ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەنىدى («رىم.» 8:29-30؛ «ئەف.» 1:4-5، 1:9-12، 3:8-11نى كۆرۈڭ).

## تىتۇسنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى

«چۈنكى دېماس بۇ ھازىرقى دۇنيانى تاما قىلغانلىقى ئۈچۈن مېنى تاشلاپ تېسالونىكا شەھىرىگە كەتتى. كرىسكىس گالاتىيا ئۆلكىسىگە، تىتۇس دالماتىيا ئۆلكىسىگە كەتتى» («2تىم.» 10:4).

بۇ ئايەتتىن بىلىمىزكى، پاۋلۇسنىڭ قولغا ئېلىنىپ، رىم شەھىرىگە ئاپىرىلىش سەپىرىدە تىتۇس ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى ۋە بەلكىم پاۋلۇس زىنداندا ياتقاندا ئۇنىڭغا ياردەمدە بولغان. ئايەتتىن يەنە ئۇقىمىزكى، ئۇ كېيىن پاۋلۇستىن ئايرىلىپ دالماتىيا (ھازىرقى يۇگوسلاۋىيە،

بوسنىيا ۋە كرودىيە) ئۆلكىسىگە باردى. بۇگۈنگە قەدەر شۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ «ئېغىز ئەدەبىياتى»دا تىنتۇس شۇ يەردە زور مېھىر-مۇھەببىتى ۋە سادىق خىزمىتى ئارقىلىق كۆپ ئادەملەرنى ئېتىقادقا كەلتۈرگەن، دېيىلىدۇ.

# ئىنجىل 18-قىسىم

# «فىلىپىمونغا»

## (روسۇل پاۋلۇسنىڭ فىلىپىمونغا يازغان مەكتۇپى)

## كىرىش سۆز

روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئەزىز دوستى فىلىپىمونغا يازغان بۇ يېقىملىق ۋە قىسقا شەخسىي خېتىنىڭ ئىنجىل قىسىملىرىنىڭ قاتارىغا ئېلىنىش سەۋەبى ئۇنىڭدا بولغان بىۋاستە بېرىلگەن تەلىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا خۇدانىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرى بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر. خەت ئەيسا مەسىھكە ئۇمىد باغلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن مۇھەببەتنىڭ روشەن ۋە شەرەپلىك ئۈلگىسىدۇر.

ئۇشبۇ قىسقا مەكتۇپنىڭ تەپسىلاتلىرىنى شەرھلەشكە ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. پاۋلۇسنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلاشلىرىدىن فىلىپىمون ئىسىملىك بىر باي ئادەم مەسىھگە ئېتىقاد قىلغان. بۇ ئىش بەلكىم ئەفەسۇس شەھىرىدە بولغان. كېيىن فىلىپىمون ئۆز يۇرتى كولوسسى شەھىرىگە قايتىشى بىلەن ئۆز ئۆيىدە بىر جامائەت تۇغۇلۇپ، يىغىلىشقا باشلايدۇ (2:1). پاۋلۇس ئۆزى كولوسسى شەھىرىگە بېرىپ باقمىغان («كول.» 1:2). فىلىپىمونىنىڭ ئونېسىمۇس (مەنىسى، «پايدىلىق») ئىسىملىك بىر قۇلى بولۇپ، ئۇ بەلكىم فىلىپىمونىنىڭ ئەفەسۇسقا قىلغان سەپىرىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئۆزىمۇ پاۋلۇسنىڭ ۋەز ئېيتىشلىرىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. روسۇل پاۋلۇس ئەفەسۇس شەھىرىدىن ئايرىلىپ بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن يېرۇسالېمدا رىم ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان» دەپ ئەرز قىلىنىپ قولغا ئېلىندى؛ يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئۇنى رىم شەھىرىگە يالاپ ئاپاردى. رىم شەھىرىدە ئۇ كىشەنلەنگەن ھالدا ئىجارىگە ئالغان ئۆيىدە نەزەربەنت ئاستىدا ئىككى يىل ھايات ئۆتكۈزدى («روس.» 28:30-31). مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇ

كېيىنكى بىر مەزگىلدە زىندانغا سولانغان؛ مەيلى «ئۆز ئۆيىدە» ياكى زىنداندا بولسۇن، ئىشقىلىپ پاۋلۇس ئونېسىمۇس بىلەن كۆرۈشكەنىدى! ئەمدى ئونېسىمۇس نېمە ئۈچۈن خوجايىنى فىلېموندىن ئايرىلىپ رىم شەھىرىدە بولىدۇ؟

شۈبھىسىزكى، بۇ بىچارە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى پاۋلۇسقا تۆككەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆرلۈكىنى ئالغان ئەمەس، بەلكى خوجايىنىدىن قاچقان، بەلكىم شۇنداقلا خوجايىنىنىڭ پۇلنى ياكى مال-مۈلكىنى ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن (18-ئايەت). ئۇ پۇل تاپىمەن دەپ رىم شەھىرىگە قاراپ يول ئالغان. لېكىن كۆپ چوڭ شەھەرلەردىكىدەك رىم شەھىرىدىمۇ ئونېسىمۇسقا ئوخشاش نادان ياش يىگىتلەردىن پايدىلىنىدىغان خېلى كۆپ كاززاپلار بار ئىدى. ئونېسىمۇس ئاۋارىچىلىككە يولۇققانىدى — ئۇ جىنايەتچى دەپ ئەرز قىلىنىپ، زىندانغا سولانغان. ئۇ پاۋلۇس بىلەن زىنداندا كۆرۈشكەنمۇ، ياكى پەقەت پاۋلۇسنىڭ «ئىجارىگە ئالغان ئۆيى»گە، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ياردەم سورىغانمۇ؟

ئىشقىلىپ پاۋلۇسنىڭ ئۇنىڭغا: «ياش يىگىت، سېنىڭ موھتاج بولغىنىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزىدۇر؛ ئۇ سېنىڭ چىگىش ھاياتىڭنىڭ چاتاقلىرىنى بىردىنبىر ھەل قىلغۇچى» دەپ ئېيتقانلىقىنى بىلىمىز. ئونېسىمۇس مەسىھگە ئېتىقاد قىلغان ۋە خۇدانىڭ مەغپىرەت-كەچۈرۈمى، مەسىھدە بولغان يېڭى ھايات ئېلىپ كەلگەن خاتىرجەملىك ۋە خۇرسەنلىكتە ياشاشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆزىگە ئەزىز شاپائەتچى بولغان، تۈرمىدە ياتقان، ياشانغان پاۋلۇسقا قانداق ياردەم بېرەلەرمەن دەپ تۈرلۈك يوللارنى خۇشاللىق بىلەن ئىزدىگەن. ئەجەبا، ئۇ ئەسلىدە دەل شۇ ئىشتىن — باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشتىن قاچقانىدى!

ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى ۋە ياردىمى، شۈبھىسىزكى، روسۇلغا زور خۇرسەنلىك ۋە تەسەللى ئېلىپ كەلدى. ئەمما بۇ ياش يىگىتنىڭ ئۆز خوجايىنى فىلېمونغا بولغان مەسئۇلىيىتىدىن باش تارتىشىنىڭ ئۆزۈنىغا سوزۇلۇشىغا ئۇ يول قويماتتى. ئونېسىمۇس قاتتىق رېئاللىققا يۈزلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ قاچقان قۇل بولغاچقا رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتى ۋە شۇنداقلا ئېغىر جازاغا تارتىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ فىلېموننىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىغان ياكى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزگەن مەسىلىسى بار ئىدى. خۇدا ئالدىدا ھەقىقىي توۋا قىلىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرىپى دەل شۇكى، بىز ئەسلىدە ئۇۋال قىلغان ياكى زىيان يەتكۈزگەنلەردىن كەچۈرۈم سوراش ۋە يەتكۈزگەن زىيانلارنى بولسا مۇمكىن قەدەر تۆلەپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. لېكىن ئونېسىمۇسنىڭ ئۆزىنىڭ

ھېچقانداق پۇلى يوق ئىدى! قېرىنداشىمىز پاۋلۇس خۇدانىڭ مۇھەببىتىدىن ئۇرغۇپ چىققان مەردلىك بىلەن فىلىپمونغا ئۇشبۇ خەتنى يېزىپ، ئونېسىمۇسنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى فىلىپموننىڭ يېنىغا قايتۇرۇپ ئەۋەتىدۇ. خەتتە ئۇ ئونېسىمۇسنىڭ بارلىق قەرزلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ھەممىسىنى قايتۇرىدىغانلىقىنى يازىدۇ (18-ئايەت). ئۇ فىلىپموندىن ئونېسىمۇسنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنى ئۆيىگە قايتا قوبۇل قىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. شۇنداق قىلغىنىدا رەھىمسىز دۇنيا ئالدىدا خۇدانىڭ مۇھەببىتىگە زور ئۈلگە كۆرسەتكەنلىك بولىدۇ ۋە پاۋلۇسنىڭ «ئىچ-باغرلىرى سۆيۈندۈرۈلىدۇ» (20-ئايەت). پاۋلۇسنىڭ فىلىپمون توغرۇلۇق بارلىق ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بىز فىلىپموننى چوقۇم شۇنداق قىلغان ھەمدە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئارتۇق قىلغان دەپ جەزملەشتۈرىمىز؛ دەرۋەقە ئۇ پاۋلۇسنىڭ ئۆتۈنگەن ئىلتىماسىنى ئاڭلىمىغان بولسا، ئۇشبۇ خەت ھازىر قولىمىزدا بولمايتتى!

بىز يەنە شۇنى بايقايمىزكى، ئۇشبۇ خەتنى كولوسسىدىكى جامائەتكە يازغان خېتى بىلەن تەڭ يازغان، شۇنداقلا چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يوللىغان («كول.» 4:9نى كۆرۈڭ).

# فىلىمونغا

## روسۇل پاۋلۇس فىلىمونغا يازغان مەكتۇپ

1 [1] مەسىھ ئەيسانىڭ مەھبۇسى مەنكى پاۋلۇس ۋە قېرىندىشىمىز
تىموتىيدىن سۆيۈملۈكىمىز ۋە خىزمەتدىشىمىز فىلىمونغا
[2] ۋە سىڭلىمىز ئافىياغا، سەپدىشىمىز ئارخىپپۇسقا ۋە ئۆيۈڭدە
يىغىلىدىغان جامائەتكە سالام!
[3] خۇدائاتىمىز ۋە رەببىمىز ئەيسا مەسىھتىن سىلەرگە مېھىر-شەپقەت
ۋە خاتىرجەملىك بولغاي!

## فىلىموننىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ئېتىقادى

[5-4] رەببىمىز ئەيساغا ۋە بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرگە بولغان مېھىر-
مۇھەببىتىڭ ۋە ئىشەنچ-ئېتىقادىڭنى ئاڭلاپ، مەن دۇئالىرىمدا
ھەمىشە سېنى ياد ئېتىپ تۇرۇۋاتىمەن، سەن ئۈچۈن تەشەككۈر

---

1:1 **«مەسىھ ئەيسانىڭ مەھبۇسى مەنكى پاۋلۇس ...»** ــ پاۋلۇس بۇ مەكتۇپنى يازغاندا رىمنىڭ مەھبۇسى ئىدى. شۈبھىسىزكى، رىملىقلار پاۋلۇسنى «بىزنىڭ مەھبۇسىمىز» دەپ ئويلايتتى ــ لېكىن پاۋلۇس ئىشقا باشقىچە قارايتتى. رىملىقلارنىڭ ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىۋەتكىنى خۇدانىڭ ئىرادىسى بولۇپ، شۇ ئىش بىلەن «يات ئەللىك» ئىشەنگۈچىلەرنىڭ كۆپ پايدا كۆرىدىغانلىقىغا پاۋلۇسنىڭ كۆزى يەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس ئۆزىنى: «رىملىقلارنىڭ مەھبۇسى» دېمەي، بەلكى «مەسىھنىڭ مەھبۇسى» دەيدۇ.

**1:1** ئەف. 3:1؛ 4:1.

2:1 **«سەپدىشىمىز ئارخىپپۇس»** ــ «سەپدىشىمىز» (ياكى «كۈرەشدىشىمىز») ــ روھىي «ئۇرۇش سېپى»دە بولغان كۈرەشتە، ئەلۋەتتە.

**2:1** رىم. 16:5؛ 1كور. 16:19؛ كول. 4:15، 17.

ئېيتىمەن؛ [6]بىزگە نېسىپ بولغان، مەسىھنى ئۇلۇغلايدىغان
بارلىق ياخشى ئىلتىپاتنى تولۇق تونۇپ يېتىشىڭ بىلەن، سېنىڭ
ئېتىقادىڭ ئەمەللىرىدە مەردلەرچە ئورتاقلىشىشىڭ كۈچەيتىلسۇن
دەپ دۇئا قىلىمەن. [7]چۈنكى سېنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىڭ ماڭا زور
خۇشاللىق ۋە رىغبەت ئېلىپ كەلدى؛ چۈنكى ئى قېرىندىشىم،
مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ ئىچ-باغىرلىرى سېنىڭ ئارقىلىق كۆپ
سۆيۈندۈرۈلدى.

## فلىپموننىڭ قۇلى ئونېسىمۇس ھەققىدە ئىلتىماس

[8]شۇڭا، گەرچە سېنى لايىق ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇشقا مەسىھدە
جۈرئەتلىك بولالىساممۇ، [9]لېكىن يەنىلا مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى
بىلەن مەنكى قېرى پاۋلۇس ھەمدە ھازىرمۇ ئەيسا مەسىھنىڭ
مەھبۇسى بولۇش سۈپىتىدە ساڭا ئىلتىماس قىلىپ ئۆتۈنۈشنى
لايىق كۆردۈم ــ [10]كىشەنلەردە تۇرۇپ تۇغقان بالام، يەنى ئونېسىمۇس

5-4:1 **«رەببىمىز ئەيساغا ۋە بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭ ۋە ئىشەنچ-ئېتىقادىڭ»** ــ دېمەك، فلىپموننىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچى مەسىھكە ۋە مۇقەددەس بەندىلىرىگىمۇ قارىتىپ باغلانغانىدى.

**5-4:1** 1تىس. 1:2؛ 2تىس. 3:1.

6:1 **«مەسىھنى ئۇلۇغلايدىغان بارلىق ياخشى ئىلتىپاتنى تولۇق تونۇپ يېتىشىڭ بىلەن..»** ــ باشقا چۈشەنچىسى «مەسىھدە بولغان بارلىق ياخشى ئىلتىپاتنى تولۇق تونۇپ يېتىشىڭ بىلەن...». **«بىزگە نېسىپ بولغان، مەسىھنى ئۇلۇغلايدىغان بارلىق ياخشى ئىلتىپاتنى تولۇق تونۇپ يېتىشىڭ بىلەن، سېنىڭ ئېتىقادىڭ ئەمەللىرىدە مەردلەرچە ئورتاقلىشىشىڭ كۈچەيتىلسۇن دەپ دۇئا قىلىمەن»** ــ تولۇق ئايەتنىڭ باشقا بىر تەرجىمىسى: «سېنىڭ ئېتىقادىڭ ئەمەللىرىدە مەردلەرچە ئورتاقلىشىشىڭ تېخىمۇ جارى قىلىنىشى بىلەن، بىزگە نېسىپ بولغان، مەسىھنى ئۇلۇغلايدىغان بارلىق ياخشى ئىلتىپاتنى تولۇق تونۇپ يېتىشىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن».

9:1 **«لېكىن يەنىلا مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەنكى قېرى پاۋلۇس ھەمدە ھازىرمۇ ئەيسا مەسىھنىڭ مەھبۇسى بولۇش سۈپىتىدە ساڭا ئىلتىماس قىلىپ ئۆتۈنۈشنى لايىق كۆردۈم»** ــ «مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن.. ئۆتۈنۈش...» توغرۇلۇق «كورىنتلىقلارغا (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بايان قىلغان «ھوقۇق ۋە مۇھەببەت» (24:15) ئۈستىدە بولغان مۇزاكىرىمىزنى كۆرۈڭ.

تۇغرۇلۇق ئىلتىماسىم بار. [11] ئۇ بۇرۇن ساڭا پايدىسىز بولغان
بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ساڭىمۇ، ماڭىمۇ پايدىلىقتۇر. [12] مەن ھازىر
ئۇنى ــ جانجىگىرىمنى سېنىڭ يېنىڭغا قايتۇرۇپ ئەۋەتىمەن. [13] خۇش
خەۋەرنى دەپ كىشەنلەردە تۇرغىنىمدا ئۇنى سېنىڭ ئورنۇڭدا مېنىڭ
خىزمىتىمدە بولۇشقا يېنىمدا قالدۇرۇپ قالغۇم بار ئىدى؛ [14] بىراق
سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئالماي ھېچنېمىنى قىلغۇم يوق؛ شۇنداق
قىلغاندا سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ مەجبۇرىي ئەمەس،
بەلكى رازىمەنلىك بىلەن بولىدۇ. [15] چۈنكى سېنىڭ ئونېسىمۇستىن
ۋاقىتلىق مەھرۇم بولغىنىڭنىڭ سەۋەبى، بەلكىم دەل سېنىڭ
ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەدگىچە نېسىۋە بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئىدى.
[16] مېنىڭ شۇنداق دېگىنىم، ئۇنىڭغا قۇل قاتارىدا ئەمەس، بەلكى
قۇلدىن كۆپ ئۈستۈن ــ ماڭا نەقەدەر سۆيۈملۈك، شۇنداقلا ساڭا تېخىمۇ
شۇنداق بولىدىغان (ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن ھەم رەبدە بولغان
مۇناسىۋەت بىلەن)، سۆيۈملۈك قېرىنداش قاتارىدا ئىگە بولىسەن؛
[17] شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر سەن مېنى ھەمداش قاتارىدا كۆرسەڭ، ئۇنى
مېنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلغىن. [18] ئەگەر بۇرۇن ئۇ ساڭا بىرەر
يولسىزلىق قىلغان بولسا ياكى ساڭا قەرزدار بولغان بولسا، بۇنى

---

**10:1** 1كور. 4:15. گال. 4:19؛ كول. 4:9.

**11:1 «ئۇ بۇرۇن ساڭا پايدىسىز بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ساڭىمۇ، ماڭىمۇ پايدىلىقتۇر»** ــ «ئونېسىمۇس» دېگەن ئىسىم گرېكچە «پايدىلىق» دېگەن مەنىدە. كىرىش سۆزىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، ئونېسىمۇس ئەسلى فىلىمونىنىڭ قۇلى ئىدى، ئۇ ئۇنىڭ قېشىدىن قاچقانىدى.

**15:1 «چۈنكى سېنىڭ ئونېسىمۇستىن ۋاقىتلىق مەھرۇم بولغىنىڭنىڭ سەۋەبى، بەلكىم دەل سېنىڭ ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەدگىچە نېسىۋە بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئىدى»** ــ بۇ ئايەت ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**15:1** يار.50:20؛ 1تېس.4:13.

**16:1 «ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن ھەم رەبدە بولغان مۇناسىۋەت بىلەن»** ــ گرېك تىلىدا «ئەت تەرىپىدىن ۋە رەبدە بولۇش تەرىپىدىن...». ئەسلىدە ئونېسىمۇس فىلىمونغا قۇل ئىدى، ئىنسانىي تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى (رىم ئىمپېرىيەسىدىكى قانۇن بويىچە) مۇناسىۋەت خوجايىن بىلەن قۇل ئايرىلماسلىق مۇناسىۋىتى ئىدى. بۇ سۆز بەلكىم يەنە فىلىمونىنىڭ قۇلى ئونېسىمۇسقا ئەسلىدە ئامراق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مېنىڭ ھېسابىمغا يازغىن. 19 مانا مەنكى پاۋلۇس بۇ سۆزلەرنى ئۆز
قولۇم بىلەن يېزىۋاتىمەن: قەرزى بولسا ئۆزۈم قايتۇرىمەن؛ لېكىن
مەن ساڭا ئۆزۈڭنىڭ جېنىڭ بىلەن ماڭا قەرزدار بولغىنىڭنى تىلغا
ئالمايمەن. 20 شۇڭا، ئەي قېرىندىشىم، مەن رەبدە سەندىن مەنپەئەتكە
ئېرىشمەكچىمەن؛ ئىچ-باغىرلىرىمنى مەسىھدە سۆيۈندۈرگىن.
21 ئىشەنچىم سۆزۈمنى ئاڭلايدىغانلىقىڭغا كامىل بولۇپ ۋە
سورىغانلىرىمدىن ئارتۇق ئورۇنلايدىغانلىقىڭنى بىلىپ، ساڭا
مۇشۇنداق يازدىم. 22 بۇلاردىن باشقا، ماڭا تۇرالغۇ جاي تەييارلاپ
قويغىن. چۈنكى دۇئالىرىڭلار ئارقىلىق مېنىڭ سىلەرگە قايتۇرۇپ
بېرىلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

18:1 **«ئەگەر بۇرۇن ئۇ ساڭا بىرەر يولسىزلىق قىلغان بولسا ياكى ساڭا قەرزدار بولغان بولسا، بۇنى مېنىڭ ھېسابىمغا يازغىن»** — مۇمكىنچىلىكى باركى، پاۋلۇسنىڭ: «ئەگەر ئۇ... ساڭا قەرزدار بولغان بولسا» دېگىنى، ئونېسىمۇسنى خىجالەتكە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن «ئۇ سەندىن بىرەر پۇل-دۇنيا ئوغرىلىغان بولسا» دېگەننى سىلىق ئىپادىلىشى ئىدى.

19:1 **«لېكىن مەن ساڭا ئۆزۈڭنىڭ جېنىڭ بىلەن ماڭا قەرزدار بولغىنىڭنى تىلغا ئالمايمەن»** — «ئۆز جېنىڭ بىلەن ماڭا قەرزدار بولغىنىڭ» دېگەن سۆز، شۈبھىسىزكى، پاۋلۇسنىڭ فىلىمونغا خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشى بىلەن فىلېمون ئېتىقاد ئارقىلىق دوزاخ يولىدىن چىققانلىقىنى، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «مەن ساڭا... تىلغا ئالمايمەن» — بۇ گەپنى دېيىشى چىرايلىق بىر چاقچاق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

20:1 **«شۇڭا، ئەي قېرىندىشىم، مەن رەبدە سەندىن مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچىمەن»** — گرېك تىلىدا «مەنپەئەت» ۋە «ئونېسىمۇس» («مەنپەئەتلىك، پايدىلىق») دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، پاۋلۇس يەنە سۆز ئويۇنى ئوينايدۇ. بۇ ئايەت ئۈستىدە يەنە «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

22:1 **«چۈنكى دۇئالىرىڭلار ئارقىلىق مېنىڭ سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن»** — «دۇئالىرىڭلار ئارقىلىق» — فىلېموننىڭ ۋە ئۆيدە يىغىلغان جامائەتنىڭ دۇئالىرى ئارقىلىق.

—«مېنىڭ سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىشىم» — دېمەك، «سولاقتىن ئازاد بولۇپ، يېنىڭلارغا قايتىپ بېرىشىم». روسۇلنىڭ كېيىنكى «فىلىپپىلىقلارغا» يازغان خېتىدە (1:26-27) ئۇنىڭ بۇ ئىشقا بولغان مۇتلەق ئىشەنچى ئىپادىلىنىدۇ. شۇ خەتتىكى 1:26-27-ئايەتلەردىكى ئىزاھاتلار ۋە خەتتىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. پاۋلۇسنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدىن دائىم ئۆز قىيىنچىلىقىنى ئەمەس (چۈنكى ئۇ تۈرمىدە ياتقانلىقىنى بىۋاستە تىلغا ئالمايدۇ) بەلكى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى («مېنىڭ سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىشىم») كۆزلەيدىغانلىقى كۆرۈنىدۇ.

**22:1** فىل. 1:25.

## ئاخىرقى سالام

[23]ئەيسا مەسىھكە خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن زىندانداشىم بولغان
ئەپافراس، [24]خىزمەتداشلىرىم ماركۇس، ئارىستارخۇس، دېماس ۋە
لۇقالاردىن ساڭا سالام.
[25]رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى روھىڭلارغا يار بولغاي!

**23:1 «ئەيسا مەسىھكە خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن زىندانداشىم بولغان ئەپافراس»** — گرېك تىلىدا «ئەيسا مەسىھدە بولغان زىندانداشىم ئەپافراس».
—ئەپافراس توغرۇلۇق يەنە «كول.» 1:7، 4:12نى كۆرۈڭ.
**23:1** كول. 1:7؛ 4:12.
**24:1 «خىزمەتداشلىرىم ماركۇس، ئارىستارخۇس، دېماس ۋە لۇقالاردىن ساڭا سالام»** — دېماس توغرۇلۇق يەنە «2تىم.» 4:12 نى كۆرۈڭ.
**24:1** روس. 12:12، 25؛ 15:37؛ كول. 4:10؛ 2تىم. 4:11؛ 1پېت. 5:13؛ روس. 19:29؛ 20:4؛ 27:2؛ كول. 4:10، 14؛ 2تىم. 4:10، 11.

# قوشۇمچە سۆز

## خەتتىن ئېلىنغان ئەڭ ئۇلۇغ چۈشەنچە

بۇ ئاددىي خەتتىن ئالغىلى بولىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ساۋاقلاردىن بىرى دەل شۇكى، خۇدانىڭ مۇھەببىتىدە ياشىغاندا، بىز ھەرگىز باشقىلارنىڭ ياردىمى ياكى ياخشىلىقىنى «تېگىشلىك»، «ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك» دەپ كۆتۈپ تۇرساق ياكى شۇ پېتى قوبۇل قىلساق بولمايدۇ. پاۋلۇسنىڭ قەدىرلىك دوستى فىلىپمونغا بولغان پوزىتسىيەسى بۇنى ئايان قىلىدۇ. ئۇ ئونېسىمۇسنىڭ ئۆز يېنىدا قېلىپ ياردەمدە بولغانلىقىدىن فىلىپمون چوقۇم خۇشال بولاتتى دەپ ئويلاپ يېتەتتى ۋە شۇنداقلا ئۇنى يېنىدا قالدۇرالايتتى؛ لېكىن دوستىنىڭ بىۋاستە رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى.

خۇدانىڭ تەلىمىنى قوبۇل قىلىۋاتقان بولساق («يۇھ.» 45:6، «1تىم.» 9:4) مەسىھگە ئېتىقاد قىلمىغان گۇناھكار ئادەملەردىن گۇناھدىن باشقا ھېچنېمىنى كۈتمەيمىز؛ ھەردائىم ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىشقا تەييار تۇرىمىز (ئېتىقادچى بولمىغانلار بىزگە ياخشىلىق كۆرسەتسە خۇداغا تەشەككۈر ئېيتىپ ئۇنى قوبۇل قىلىمىز، ئەلۋەتتە!) لېكىن مەسىھگە ئېتىقاد قىلغان قېرىنداشلىرىمىزدىن بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، مۇبادا ئۇلارغا ئۇۋال قىلغان بولساق ئۇلارنىڭ بىزنى كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ھەرگىز «بىزنىڭ تېگىشلىك ھوقۇقىمىز» دەپ ئويلىماسلىقىمىز كېرەك. قېرىنداشلىرىمىز بىزگە مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلسا، بىز بۇ ئىشنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى ۋە ئەركىنلىكى بىلەن بولغان دەپ بىلىپ ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۈچۈن مىننەتدار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىنىڭ مۇھەببىتىنى «ماڭا بولغان تېگىشلىك بۇرچى، خالاس» دەپ قارىسا بولمايدۇ، ئاياللارمۇ ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتىگە شۇنداق قارىشى كېرەك. شۇنداق يولدا ھەممىمىز بىر-بىرىمىزگە «تېگىشلىك»، «ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىش كېرەك» دېگەننى ھېچ يۈكلىمەي ئەڭ يېقىنلىرىمىزنى ئەتىۋارلاپ، ئۇلارغا ھەقىقىي مۇھەببەت كۆرسىتەيلى.

15:1 «چۈنكى سېنىڭ ئونېسىمۇستىن ۋاقىتلىق مەھرۇم بولغىنىڭنىڭ سەۋەبى، بەلكىم دەل سېنىڭ ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەدگىچە نېسىۋە بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئىدى».

پاۋلۇسنىڭ بۇ سۆزىدىن، تىرىلىش ۋاقتىدا بىزنىڭ بىر-بىرىمىزنى تونۇيالايدىغانلىقىمىز روشەن كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدەك، مەسىھدە بولغان يەر يۈزىدە مۇيەسسەر بولغان بارلىق مۇھەببەت، قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق (خوجايىن-قۇللۇق مۇناسىۋىتىدە ئەمەس!) رىشتىلىرىمىز ۋە مۇناسىۋەتلىرىمىز ئۈزۈلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇلىدۇ (پەقەتلا ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتى شۇ ۋاقىتتا بولمايدۇ («مات.» 30:22)).

## «قۇللۇق» ئۈستىدە

ئوقۇرمەنلەر خەت ئۈستىدە ئويلىنىشلىرى ئىچىدە بەلكىم قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ھەق-ناھەقلىكى توغرۇلۇق بەزى ئويلاردا بولغاندۇر، شۇڭا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىش ئۈستىدە ئومۇمەن سەل توختىلىمىز.

بىرىنچىدىن، تەۋراتنى ئوقۇغانلار بىلگىنىدەك، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن ئاستىدا يول قويۇلغان، يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى قۇللۇق تۈزۈمى ھەرقانداق باشقا ئەل ئىچىدىكى تۈزۈمگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان قانۇن ئاستىدا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بىر يەھۇدىي يۇرتدىشىغا قۇل بولۇشقا ئۆزىنى سېتىۋەتكەن بولسا قۇللۇق مۆھلىتى يەتتە يىلدىن ئارتۇق بولمايتتى. بۇ مۆھلەت توشقاندا ئۇ خالىسا خوجايىنىدىن ئەركىن بولاتتى («قان.» 12:15-18). باشقا ئەلدىن بولغان قۇللىرى بولسا خىزمەت ھوقۇقلىرى ئېنىق بېكىتىلگەنىدى؛ ئۇلار خارلىققا ئۇچرالغان بولسا ھۆرلۈككە چىقىش ھوقۇقى بار ئىدى (مەسىلەن، «مىس.» 26:21-27نى كۆرۈڭ). ئىسرائىل ئىچىدىكى ھەربىر كىشى، مەيلى قۇل بولسۇن ھۆر بولسۇن ھەر يەتتىنچى كۈنى (شەنبە، «شابات كۈنى»)دە دەم ئالاتتى.

رىم قانۇن تۈزۈمى ئاستىدا قۇللارنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. قانۇن بويىچە قۇللارنىڭ شەخسىي ھوقۇقلىرى يوق دېگۈدەك ئىدى. خوجايىنلىرى ئۇلارنى ھەرتۈرلۈك جىسمانىي ياكى روھىي خورلۇققا ئۇچراتسىمۇ قانۇندىكى ھېچقانداق جازا بۇيرۇلمايتتى. دۇنيادىكى بارلىق قۇللۇق تۈزۈملەر مۇشۇنىڭدەك بولۇپ كەلگەن.

تارىختىن بىلىمىزكى، رىم تۈزۈمى ئاستىدا ياشاۋاتقان بەزى قۇللار ئىللىق مۇئامىلىنى

كۆرگەن، ھەتتا خىزمەت قىلغان ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغانلار بار ئىدى. لېكىن كۆپىنچىسى ئۇچۇن تۇرمۇشىنى قارا باسقان خارلىق دېگىلى بولاتتى. رىم ئىمپېرىيەسىدە چوڭ شەھەرلەردە قۇللارنىڭ سانى بەلكىم ئاھالىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى! رىم ئاستىدىكى بىر قۇل ئۇچۇن ھېچقانداق «دەم ئېلىش كۈنى» بولمايتتى - ئۇ (ئەر بولسۇن قىز بولسۇن) پەقەت خوجايىنىنىڭ خالىغانچە ئىشلىتىدىغان مۈلكىدىن بىرى ئىدى، خالاس.

ئەمدىلىكتە رەب ئەيسا ھەممە گۇناھكار ئادەمنى ئىلكىدە تۇتۇۋاتقان ئەڭ چوڭ قۇللۇقنى، يەنى گۇناھنىڭ قۇللۇقىنى كۆرسەتتى. «گۇناھ سادىر قىلغان كىشى گۇناھنىڭ قۇلىدۇر» («يۇھ.» 8:31-36). ئەلۋەتتە، ئۇ پەلەستىندە تۇرۇۋاتقان يەھۇدىيلارغا تەلىمنى جاكارلىغىنى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى قۇللۇق توغرۇلۇق ئاز سۆزلەيتتى.

ئەمدى كېيىن رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان مەسىھنىڭ روسۇللىرى ئۇ توغرۇلۇق نېمە دەيدۇ؟

ئىنجىلدىن روسۇللارنىڭ يازمىلىرىنى ئوقۇغانلار شۇنى كۆرەلەيدۇكى، ئۇلارنىڭ مۇھىم كۆزلىگىنى ئادەملەرنىڭ گۇناھنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد بولۇپ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، «رىم.» 16:6-22نى كۆرۈڭ. ئەمدى بىزمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش خۇلاسىگە كېلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇكى، گۇناھدىن ئازاد بولۇپ خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقىغا كىرىش بولسا، ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن «ئازاد بولۇپ»، گۇناھنىڭ قۇللۇقى ئاستىدا ئەسىر بولۇشتىن چەكسىز دەرىجىدە مۇھىمدۇر. ئۇنداق «ئەركىنلىك» ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئەركىنلىك ئەمەس. مانا شۇ سەۋەبتىن روسۇللار مەلۇم ئادەمنىڭ باشقا بىراۋغا قۇل بولۇشىنىڭ ھەقلىق-ھەقسىزلىكىگە بىۋاستە نەزەر سالمايدۇ.

ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز تېگىشلىككى، روسۇل پاۋلۇس بۇزۇق ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلىگەندە «قۇللۇققا بۇلاش»نى ئېغىر گۇناھ دەپ بېكىتىدۇ («1تىم» 10:1). رىم ئىمپېرىيەسىدە بەزى ئادەملەر قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇللۇققا ساتىسمۇ، قۇللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىدە ئۇرۇش ئەسىرلىرى ياكى «قۇللۇققا بۇلانغانلار» ئىدى. بۈگۈنكى بارلىق قۇللۇق تۈزۈملىرىنىڭ ھەممىسى

(مەسىلەن ھازىردىكى بەزى ئەرەب دۆلەتلەردە) شۇ يول بىلەن مەۋجۇت بولۇپ شۇ سۆز بىلەن گۇناھقا بىكىتىلگەندۇر.

ئېتىقادچىلارنىڭ قۇللۇقنىڭ ھەقلىق-ھەقسىزلىكىگە قانداق قارىشى كېرەكلىكى ئەمەلىيەتتە چوڭ بىر مەسىلە، يەنى ھۆكۈمەتلىرىگە، ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىغا ۋە ئومۇمەن ئېتىقاندا بارلىق ھوقۇقدارلارغا قايسى پوزىتسىيەنى باغلىشى كېرەك، دېگەن مەسىلىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ توغرۇلۇق ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى «رىملىقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىز (13-باب ئۈستىدىكى سۆز)گە قارىتىمىز. شۇ سۆزدىن مۇشۇ يەردە ئازراق نەقىل كەلتۈرىمىز: —

«ئىنسانىيەت گۇناھقا تېيىلىپ پېتىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، (خۇدانىڭ نىجاتىغا ئىگە بولغۇچە) گۇناھقا نىسبەتەن تىزگىنلىنىشى كېرەك بولغاچقا، خۇدا بۇ ئىشنىڭ بىر قىسمىنى ھۆكۈمەت-ھاكىمىيەتلەر ئارقىلىق ئورۇنلايدۇ: — «ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنى ئىدارە قىلغۇچى ھوقۇق ئىگىلىرىگە بويسۇنسۇن. چۈنكى خۇدا تىكلىمىگەن ھۆكۈمەت بولماس؛ ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بولغاندۇر» («رىم.» 1:13).

قۇللۇق تۈزۈمى رىم قانۇنىنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، بۇ قانۇن ئاستىدا قۇل بولغان ئېتىقادچىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قورال كۆتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىش توغرا ئەمەس ئىدى. «يۇھ.» 36:18دە خاتىرىلەنگەن، رەب ئەيسانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە قارايلى: —

«مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ دۇنياغا تەۋە ئەمەستۇر. ئەگەر بۇ دۇنياغا تەۋە بولغان بولسا، خىزمەتچىلىرىم مېنىڭ يەھۇدىيلارغا تاپشۇرۇلماسلىقىم ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقان بولاتتى. ھالبۇكى، مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ يەرگە تەۋە ئەمەستۇر».

شۇنىڭ بىلەن ئەكسىچە ئېتىقادچىلار خىزمىتىدىكى سەممىيلىكى ۋە ئىشەنچلىكى ئارقىلىق خۇدانىڭ ھەقىقەتلىكى ۋە مۇھەببىتىنى ئۆز خوجايىنلىرىغا كۆرسىتىشكە توغرا كېلەتتى. ئىنجىلدا، خوجايىنلارمۇ ئۆز قۇللىرىغا ئىنسان قاتارىدا قاراپ ئادىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، دەپ جېكىلەنگەن («ئەف.» 9:6، «كول.» 1:4). رىم جەمئىيىتىدە ئىنجىلنىڭ تەسىرى كېڭەيگەنسېرى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى تارىختىكى بىر

روشەن پاكىتتۇر. بۇ ئىش پۈتۈنلەي ئىنقىلابسىز بولغان؛ ئىنقىلابلارنىڭ ئادەتتە مەلۇم مۇستەبىت تۈزۈمنى باشقا بىر مۇستەبىت تۈزۈم بىلەن ئالماشتۇرۇشتىن باشقا نەتىجىسى بولمايدۇ.

ئەنگلىيەدىكى «سانائەت ئىنقىلابى» مىلادىيە 1750-يىلى باشلانغاندىن كېيىن، زاۋۇتلاردىكى كۆپ ئىشچىلار خوجايىنلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىز خارلىق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان. شارائىتلار «ئىنقىلاب قىلىش»قا پىشىپ قالغانىدى. دەرۋەقە، فرانسىيەدە ئەنگلىيەدىكىگە ئوخشاش شارائىت ئاستىدا ئىنقىلاب پارتلىدى، شۇنىڭ بىلەن فرانسىيەنىڭ كېيىنكى ئونىنچى يىلىدا، ھاكىممۇتلەق ناپولېئون مەيدانغا چىقىپ دۆلەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچە، قانلار كوچىلاردا دەريادەك ئاققانىدى. ئەنگلىيەدە بولسا ۋەسلىي ۋە ۋىتفىلد دېگەن ئىككى ئادەم مۇقەددەس روھنىڭ زور تەسىرلىشى ئىچىدە خۇدانىڭ نىجاتىنى كۈچلۈك جاكارلاشقا باشلىدى. مىڭلىغان ھەرخىل «تەبىقە»دىكى كىشىلەر توۋا قىلىپ ئويغىتىلدى. جامائەتتە زاۋۇت ئىگىلىرى ئۆز ئىشچىلىرى بىلەن ياندىشىپ ئولتۇراتتى؛ ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش بىر زېمىندا ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا سالغان خارلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنىڭدىن توۋا قىلىپ ئىشچىلىرىغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپ، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئىنقىلاب قىرغىنچىلىقىدىن قۇتۇلغان.

ئۆزگەرگەن كىشىلەر ئۆزگەرتىلگەن جەمئىيەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. باشقا يوللار بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنقىلاب ياكى نوقۇل يېڭى، قاتتىق قانۇنلار ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ؛ بەلكىم 20 يىل ئىچىدە كونا ئىللەتلەر ئەسلىدىكى شەكىلدە بولمىسىمۇ، باشقا بىر شەكىلدە قايتىدىن پەيدا بولىدۇ.

17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بېرى غەربتىكى دۆلەتلەردىن ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئۆزلىرىنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە دۆلەتلىرىدىن قۇللارنى تۇتۇپ باشقا مۇستەملىك دۆلەتلىرىگە ئاپىرىپ ئەمگەككە سېلىشقا باشلىغان. ئەنگلىيەدە ۋىليام ۋىلبېرفورس ئىسىملىك بىر ئادەم ئىنجىلدىن بۇ ئىشنىڭ دەل پاۋلۇس ئېيتقان «قۇللۇققا بۇلاش» دېگەن گۇناھنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپ، ئۇنىڭدىن قەتئىي توۋا قىلىش كېرەك دەپ تەلىم بېرىشكە باشلىدى. يىگىرمە يىل ئۇ شۇنداق كۈرەش قىلىپ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى ئىشەندۈرگەن (مىلادىيە 1807-يىلى). شۇنىڭ بىلەن

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قۇللۇق تۈزۈمىنى بارلىق مۇستەملىكىلىرىدە قانۇنسىز دەپ بېكىتكەن. ئاستا-ئاستا گوللاندىيە، ئامېرىكا، ئاندىن ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە خەجالەتكە قالدۇرۇلۇپ ئەنگلىيەنى ئۈلگە قىلىپ قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئەرەب ئەللىرى ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە قۇللۇق تۈزۈمى يەنىلا مەۋجۇت.

قۇللار ۋە خوجايىنلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن، روسۇللارنىڭ خەتلىرىدىكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ. دېمىسەكمۇ، بۇ ئايەتلەردىكى جېكىلەشلەر ھەرقانداق خىزمەتتىكىلەرگە، يەنى شەخسلەرگە ياللىنىپ ئىشلەۋاتقانلار بولسۇن ياكى دۆلەت مەمۇرلىرى بولسۇن ئۇلارغا ئوخشاشلا قارىتىلغان؛ شۇنداقلا قۇل خوجايىنلىرىغا قارىتىلغان بۇ سۆزلەر تۇرلۇك ئادەم ياللىغۇچىلارغىمۇ ئوخشاشلا قارىتىلىدۇ: —

«1كور.» 7:20-24، «ئەف.» 6:5-9، «فىل.» 2:7، «كول.» 3:10-11، 3:22-4:1، «1تىم» 6:1-2، «تىت.» 2:9-10، «1پېت.» 3:13-21.

# ئىنجىل 19-قىسىم

# «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان مەكتۇپ»

## كىرىش سۆز

ئۆزىڭىزنى مىلادىيە 60-يىلى پەلەستىندە تۇرۇۋاتقان، مەسىھگە ئەگىشىۋاتقان بىر يەھۇدىي ئېتىقادچى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىسىڭىز. شۇ ۋاقىتلاردا ئېتىقادچى بولۇش دېگەندەك ئالقىشلىنارلىق ئىش ئەمەس ئىدى دەيتتىڭىز، ئەلۋەتتە! دەرۋەقە، بىر تەرەپتىن: «قەيسەر ئىمپېراتور — رەبدۇر» دېيىشىنىڭ ئورنىغا، «ئەيسا — رەبدۇر» دەپ ئېتىراپ قىلغۇچى ياكى جاكارلىغۇچى ھەرقانداق كىشى رىم ئىمپېرىيەسىدىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، دەپ ئېلان قىلىنغان. بۇ جازا بەلكىم ئۆز ئۆيى ۋە تەئەللۇقاتلارنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز يۇرتداشلىرىڭىز مەسىھگە باغلىغان ئېتىقادىڭىز تۈپەيلىدىن سىزنى «كاپىر» دەپ چاقىراتتى. چۈنكى ئۇلار مەسىھنىڭ ئۆز ئۆزىنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنى كۇپۇرلۇق قىلغۇچى، ئەسلىدىلا كرېستكە مىخلىنىش جازاسىغا لايىق بولغۇچى دەپ ھېسابلايتتى. سىز كوچىلاردا ماڭغاندا ئۇلار سىز بىلەن سالاملاشماي، سىزگە يېقىن كەلمەي سىزنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بازارغا چىققىنىڭىزدا ئۇلار سىز بىلەن سودا قىلىشنى رەت قىلىدۇ ياكى سىزگە نەرسە-كېرەكلەرنى سېتىپ بەرمەيدۇ. بەلكىم ھەتتا بىرسى ئالدىڭىزغا كېلىپ يۈزىڭىزگە نەچچىنى تۈكۈرىدۇ. ئۇلار مەركىزىي ئىبادەتخانىغا كىرمىگەنلىكىڭىز، شۇنداقلا شۇ يەردە ئۆز گۇناھىڭىزنى تىلەيدىغان قۇربانلىقلارنى سۇنمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى يەنە «خۇداسىز»، «ناپاك»، «ھارام» دەپ چاقىرىدۇ، ھەتتا بالىرىڭىزنىڭ مەكتەپكە كىرىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ؛ سىزنىڭ ئاممۇۋىي ئىبادەت سورۇنى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ مەركىزى بولغان، تەۋرات تەلىمى بېرىلىدىغان «سىناگوگ»قا كىرىشىڭىزگە تېخىمۇ بولمايدۇ. گەرچە يۇرتداشلىرىڭىز

ھوقۇق تۇتقان رىملىقلارغا ئۆچ بولسىمۇ، سىزنى جازالانسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا «ئۇ مەسىھىي» دەپ ئەرز قىلىپ ساتقۇنلۇق قىلىشقا تەييار تۇرۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، سىز «تالادا» قالىسىز.

ئۇشبۇ مەكتۇپ مۇشۇنداق قىيىنچىلىقتا تۇرغان ئېتىقادچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن يېزىلغان. بۇنداق بېسىم ئاستىدا ئېتىقادىنى ئېتىراپ قىلىشتا تەۋرەنگەنلەرمۇ ئاز بولمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەيسا مەسىھنىڭ بارلىق گۇناھلار ئۈچۈن تولۇق ۋە پۈتۈنلەي كەچۈرۈم تەمىنلىگەنلىكىگە گۇمان قىلىشقا باشلىغانلارمۇ خېلى بولغان. نەتىجىدە، بەزىلەر قايتىدىن ئىبادەتخانىغا كېلىپ شۇ يەردە تەۋراتتا تەلەپ قىلىنغان كافارەت («گۇناھلارنى ياپىدىغان») قۇربانلىقلىرىنى سۇنۇشقا باشلىغان. بەلكىم بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۇنداق قىلىشى جەمئىيەتتىن قورقۇپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئاستا-ئاستا قايتىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنداق «قايتقان» ئادەملەر بەلكىم «يۇملاق تاۋۇز» دەپ مەسخىرە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن ھەرھالدا ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى، چەتكە قېقىلىشى توختىغان بولاتتى.

ئەمدى مۇئەللىپ مۇشۇ تەۋرىنىپ قالغان ئىبرانىي كىشىلەرگە قانداق گەپ قىلىدۇ؟ ئۇلارغا قانداق مەدەت بېرىدۇ؟ ئۇ ئاساسەن مەسىھنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن ئەھدىسىدىكى بارلىق ئىشلاردىن، بارلىق پەرىشتىلەردىن ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەردىن ھەرتەرەپتە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا، ئۇ ۋاستىچى بولغان ئەھدىنىڭ باشقا ھەممە ئەھدىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا ھەمدە كاھىنلىقىنىڭ يۈكسەكلىكىگە كۈچلۈك ئىسپات بېرىدۇ. ئوقۇرمەنلەر مەكتۇپنى ئوقۇغاندا بۇلارنى كۆرەلەيدۇ. مۇئەللىپنىڭ بۇ خېتىدە تەۋراتتىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن بېشارەتلەردىن كۆپ سۆز نەقىل ئالغانلىقىنى ھەمدە قېرىنداشلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى كۆرسەتكەنلىكى روشەن كۆرۈنىدۇ.

قىزىق ئىش شۇكى، مۇئەللىپنىڭ سالاھىيىتى بىزگە نامەلۇم. مەكتۇپتا ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلىمەيدۇ. ئەمدى مەكتۇپتىن ئۇ توغرۇلۇق مۇنۇلارنى بىلىمىز: —

(ئا) خەتنى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى؛ (ئە) ئۇ خەتنى يازغان ۋاقىتتا تۈرمىدە ياكى بىرخىل نەزەربەنت ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئىدى (13:19)؛ (ب) ئۇنىڭ پاۋلۇسنىڭ خىزمەتدىشى تىموتىيغا بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى (13:23)؛ (پ) ئۇ بەكمۇ چىرايلىق گرېكچە (يۇنانچە) ئۇسلۇبتا يازىدۇ؛ (ت) ئۇنىڭ تەۋراتقا، جۈملىدىن ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن بارلىق بېشارەتلەرگە ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك چۈشەنچىسى بار ئىدى.

بۇ سەۋەبلەردىن بىز بۇ مۇئەللىپنى ئاپوللوس ئىكەن، دەپ پەرەز قىلىشقا مايىلمىز. ئاپوللوس گرېك تىلىدا تەربىيە كۆرگەن يەھۇدىي ئىدى («روس.» 18:24-28). روسۇل پاۋلۇس مەكتۇپلىرىدا، ئاپوللوس مېنىڭ خىزمىتىمنى تولۇقلايدۇ، دەيدۇ («1كور.» 3:5-6، 22:16، «تىت.» 13:3نى كۆرۈڭ).

ئۇشبۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى گەرچە ئۆزىنى روسۇل دەپ ئاتىمىغان بولسىمۇ، خەتنىڭ ئۆزىدە روسۇللۇق ھوقۇق ئىزنالىرى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. دەسلەپتىكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ خۇدانىڭ پۈتكۈل جامائىتى بۇ خەتنى خۇدانىڭ ھوقۇقى بىلەن كەلگەن، «مۇقەددەس روھنىڭ ئىلھام-كۆرسەتمىسى بىلەن يېزىلغان»، ئىنجىلنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قوبۇل قىلىپ كەلگەن. ئىشەنچىمىز باركى، ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ئىش ئوقۇغانسېرى ئايدىڭلىشىدۇ.

## مەزمۇن: ـ

1. مەسىھ پەرىشتىلەردىن ئۈستۈندۇر (1ـ، 2ـبابلار)
2. مەسىھ مۇسا بىلەن يەشۇئا پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈندۇر (1:3ـ13:4)
3. مەسىھنىڭ كاھىنلىقى لاۋىيلارغا تاپشۇرۇلغان كاھىنلىقتىن ئۈستۈندۇر (14:4ـ 28:7)
4. مەسىھ ۋاستىچى بولغان «يېڭى ئەھدە» مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق تۈزۈلگەن ئەھدىدىن تەڭداشسىز دەرىجىدە ئۈستۈندۇر (8ـ، 9ـبابلار)
5. مەسىھنىڭ قۇربانلىقى تەۋرات دەۋرىدىكى، «بېشارەتلىك كۆلەڭگە» بولغان بارلىق قۇربانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشۈپ ئادەمنى گۇناھلارنىڭ تولۇق كەچۈرۈمگە ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرىدۇ (10ـباب).
6. بىزگە يول كۆرسەتكەن، ئېتىقادتا «يول باشلامچى» بولغانلار (11ـباب)
7. خۇدانىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ قورقۇنچىدا مېڭىش (12ـباب)
8. ئاخىرقى نەسىھەت، جېكىلەشلەر، تىلەكلەر ۋە سالاملار (13ـباب).

# ئىبرانىيلارغا

## «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان مەكتۇپ»
## خۇدانىڭ ئوغلى پەرىشتىلەردىن ئۈستۈندۇر

1 [1] خۇدا بۇرۇنقى زامانلاردا ئاتا-بوۋىلارغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق
تۈركۈم-تۈركۈم بويىچە ۋە تۈرلۈك يوللار بىلەن سۆز قىلغان بو
لۇپ، [2] مۇشۇ ئاخىرقى كۈنلەردە بولسا بىزگە ئوغلى ئارقىلىق
سۆزلىدى. ئۇ ئوغلىنى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ مىراسخورى قىلىپ
بېكىتكەن، ئۇنىڭ ئارقىلىق كائىناتلارنى ياراتقان. [3] ئۇ خۇدانىڭ
شان-شەرىپىدىن پارلىغان نۇر، ئۇنىڭ ئەينىيىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر،
ئۇ قۇدرەتلىك سۆز-كالامى بىلەن پۈتكۈل كائىناتتىكى مەۋجۇداتنى
ئۆز ئورنىدا تۇرغۇزۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ گۇناھلارنى تازىلاش خىزمىتىنى
ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئەرشتىكى شانۇ-شەۋكەت ئىگىسىنىڭ ئوڭ
يېنىدا ئولتۇردى. [4] شۇنىڭدەك، ئۇ پەرىشتىلەردىن كۆپ ئۈستۈن نام-
مەرتىۋىگە مىراس بولۇپ، ئۇلاردىن شۇنچە يۈكسەك تۇردى.

---

1:1 **«تۈركۈم-تۈركۈم بويىچە»** ــ ياكى «تۈرلۈك قېتىم» ياكى «تۈرلۈك ئىپادىلەر بىلەن».

2:1 **«مۇشۇ ئاخىرقى كۈنلەردە بولسا»** ــ «ئاخىرقى كۈنلەر» ئىنجىل بويىچە «ئاخىرقى زامانلار»، ئەيسانىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن باشلانغان. مۇشۇ يەردە بۇ ئىبارە «مۇشۇ كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا» (يەنى، پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا سۆز يەتكۈزگەن كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا) دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«ئوغلى ئارقىلىق»** ــ گرېك تىلىدا «ئوغۇل ئارقىلىق». **«ئۇ ئوغلىنى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ مىراسخورى قىلىپ بېكىتكەن، ئۇنىڭ ئارقىلىق كائىناتلارنى ياراتقان»** ــ مۇشۇ يەردە «ئوغلى» دېگەن گرېك ئىلىدا پەقەت «ئوغۇل» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**2:1** يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ مات. 38:21؛ يـۇھ. 3:1؛ ئەف. 9:3؛ كول. 16:1.

3:1 **«ئۇ گۇناھلارنى تاشلاش خىزمىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن..»** ــ كۆپ كونا كۆچۈرۈلمىلەردە «ئۇ يالغۇز ئۆزى گۇناھلارنى تاشلاش خىزمىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن..» دېيىلىدۇ.

**3:1** 2كور. 4:4؛ فىل. 6:2؛ كول. 15:1.

4:1 **«ئۇ ئوغۇل پەرىشتىلەردىن كۆپ ئۈستۈن نام-مەرتىۋىگە مىراس بولۇپ، ئۇلاردىن شۇنچە يۈكسەك تۇردى»** ــ تۆۋەندىكى 5-ئايەتتە ئۇ ئالغان نام-مەرتىۋىنىڭ «ئوغۇل» ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ.

5 چۈنكى خۇدا مۇقەددەس يازمىلاردا پەرىشتىلەرنىڭ قايسىسىغا:
«سەن مېنىڭ ئوغلۇمدۇرسەن، بۈگۈن مەن سېنى تۇغدۇردۇم»، ۋە يەنە:
«مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇمۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ» دېگەنىدى؟
6 ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجىسىنى يەر يۈزىگە ئەۋەتكەندە،
«بارلىق پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلسۇن» دېگەن.
7 ئۇ پەرىشتىلەر توغرۇلۇق: ــ «ئۇ پەرىشتىلىرىنى شاماللار،
خىزمەتكارلىرىنى ئوت يالقۇنى قىلىدۇ»، دېگەنىدى؛ 8 لېكىن ئوغلى
ھەققىدە بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ــ
«سېنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا، ئەبەدىلئەبەدلىكتۇر؛
سېنىڭ پادىشاھلىقىڭدىكى شاھانە ھاساڭ ئادالەتنىڭ ھاسىسىدۇر.

---

**5:1 «سەن مېنىڭ ئوغلۇمدۇرسەن، بۈگۈن مەن سېنى تۇغدۇردۇم»... «مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇمۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ»** ــ بىرىنچى بېشارەت ئەيسانىڭ مەرىيەمدىن ئاتىسىز تۇغۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ، «زەب.» 7:2دىن ئېلىنغان؛ ئىككىنچى بېشارەت «2سام.» 14:7، «1تار.» 13:17دىن ئېلىنغان.

**5:1** 2سام. 14:7؛ 1تار. 13:17؛ 10:22؛ زەب. 7:2؛ روس. 33:13؛ ئىبر. 5:5.

**6:1 «ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجىسىنى يەر يۈزىگە ئەۋەتكەندە...»** ــ گرېك تىلىدا مۇشۇ يەردىكى «تۇنجى» ئادەتتە «تۇنجى تۇغۇلغان بالا»نى كۆرسىتىدۇ. سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى «زەب.» 27:89دە ۋە «كول.» 1:16ـ17ئايەتتە كۆرۈلىدۇ؛ دېمەك، مەسىھ: (1) پۈتۈن ئالەم ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ (2) ئالەمدىن بۇرۇن بولغان؛ (3) بەلكىم ئالەمگە ئوخشاش «يارىتىلغان» ئەمەس، بەلكى ئەسلى خۇدا ئاتىسى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، «خۇدانىڭ تۇنجىسى» دېگەن سۆز مەسىھتىن كېيىن (ۋە ئۇنىڭ ئارقىلىق) خۇدانىڭ كۆپ باشقا ئوغۇل پەرزەنتلىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (2:10نى كۆرۈڭ). **«يەر يۈزىگە ئەۋەتكەندە»** ــ گرېك تىلىدا «يەر يۈزىگە ئېلىپ باشلىغاندا...». **«بارلىق پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلسۇن»** ــ «قان.» 43:32 ۋە «زەب.» 7:97نى كۆرۈڭ. «لۇقا» 2:13ـ14 ۋە «زەب.» 7:132ـ9نىمۇ كۆرۈڭ.

**6:1** زەب. 7:97؛ قان. 43:32؛ لۇقا 2:8-14

**7:1 «ئۇ پەرىشتىلىرىنى شاماللار، خىزمەتكارلىرىنى ئوت يالقۇنى قىلىدۇ»** ــ «زەب.» 4:104. گرېك تىلىدا «شامال» ۋە «روھ» ئوخشاش بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**7:1** زەب. 4:104

**8:1 «لېكىن ئوغلى ھەققىدە بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن»** ــ «ئوغلى» گرېك تىلىدا «ئوغۇل». **«سېنىڭ تەختىڭ، ئى خۇدا...»** ــ ئۇقۇرمەنگە شۇ ئېنىقكى، بۇ سۆزلەر پادىشاھنىڭ ئۆزىگە ئېيتىلىدۇ.

**8:1** زەب. 6:45

**9 سەن ھەققانىيەتنى سۆيۈپ، رەزىللىككە نەپرەتلىنىپ كەلگەنسەن؛**
**شۇڭا خۇدا، يەنى سېنىڭ خۇدايىڭ سېنى ھەمراھلىرىڭدىن ئۈستۈن**
**قىلىپ شادلىق مېيى بىلەن مەسىھ قىلدى».**
**10 خۇدا ئوغلىغا يەنە مۇنداق دېگەن: ــ**
**«سەن، ئى رەب، ھەممىدىن بۇرۇن زېمىنىنىڭ ئۇلىنى سالدىڭ،**
**ئاسمانلارنى بولسا قوللىرىڭ ياسىغاندۇر؛**
**11 ئۇلار يوق بولۇپ كېتىدۇ،**
**لېكىن سەن مەڭگۈ تۇرىسەن؛**
**ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىيىمدەك كونىراپ كېتىدۇ؛**
**12 سەن ئۇلارنى تون كەبى يۆگەپ قويىسەن،**
**شۇندا ئۇلار كىيىم-كېچەك يەڭگۈشلەنگەندەك يەڭگۈشلىنىدۇ.**
**بىراق سەن مەڭگۈ ئۆزگەرمىگۈچىدۇرسەن،**
**يىللىرىڭنىڭ تامامى يوقتۇر».**

---

9:1 **«... سەن ھەققانىيەتنى سۆيۈپ، رەزىللىككە نەپرەتلىنىپ كەلگەنسەن؛ شۇڭا خۇدا، يەنى سېنىڭ خۇدايىڭ سېنى ھەمراھلىرىڭدىن ئۈستۈن قىلىپ شادلىق مېيى بىلەن مەسىھ قىلدى»** ــ (8-9-ئايەت) «زەب.» 45:6-7. «مەسىھ قىلىش» ياكى «مەسىھلىمەك» توغرۇلۇق «زەبۇر» 2-كۈيدىكى ئىزاھاتلارنى ۋە «تەبىرلەر»نى كۆرۈڭ.

**9:1** زەب. 45:6، 7.

10:1 **«سەن، ئى رەب، ھەممىدىن بۇرۇن زېمىنىنىڭ ئۇلىنى سالدىڭ، ئاسمانلارنى بولسا قوللىرىڭ ياسىغاندۇر...»** ــ خۇدا بۇ ئايەتتە ئۆز ئوغلىنى «رەب» دەپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى، ياراتقۇچىمۇ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «كول.» 1:15-17-ئايەتلەرگە قارالسۇن.

**10:1** زەب. 102:25-27

**11:1** يەش. 51:6؛ 2پېت. 3:7، 10.

12:1 **«... سەن ئۇلارنى تون كەبى يۆگەپ قويىسەن، شۇندا ئۇلار كىيىم-كېچەك يەڭگۈشلەنگەندەك يەڭگۈشلىنىدۇ. بىراق سەن مەڭگۈ ئۆزگەرمىگۈچىدۇرسەن، يىللىرىڭنىڭ تامامى يوقتۇر»** ــ (10-12-ئايەت) «زەب.» 102:25-27. خۇدا يەنە ئۆز ئوغلىنىڭ مەڭگۈلۈك خۇدالىق تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**12:1** زەب. 102:25-27

[13] يەنە، ئۇ قايسىبىر پەرىشتىگە: ــ
«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلمىغۇچە،
مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرىسەن» ــ دېگەنىدى؟
[14] شۇنداق ئىكەن، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت نىجاتقا
مىراسلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا خۇدا تەرىپىدىن
ئەۋەتىلگەن خىزمەتچى روھلار ئەمەسمۇ؟

## نىجاتقا سەل قارىماسلىق

2 [1] بۇ سەۋەبتىن، ئاللىقانداق يول بىلەن ھەقىقىي يولدىن تېيىلىپ
كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، ئاڭلىغان ھەقىقەتلەرگە تېخىمۇ ئېتىبار
قىلىشىمىز لازىم. [2] چۈنكى پەرىشتىلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن
سۆز-كالامنىڭ تۇراقلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ھەمدە ئۇنىڭغا
ھەربىر بويسۇنماسلىق ۋە ئىتائەتسىزلىك قىلىش تېگىشلىك
جازاغا تارتىلىدىغان يەردە، [3] شۇنچە ئۇلۇغ قۇتقۇزۇش-نىجاتقا ئېتىبار
بەرمىسەك، بىز قانداقمۇ جازادىن قېچىپ قۇتۇلالايمىز؟! چۈنكى بۇ
نىجاتنىڭ خەۋىرى دەسلەپتە رەب ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلغان، ھەم ئۇنىڭ
ھەقلىقىنى بىۋاستە ئاڭلىغانلارمۇ بىزگە تەستىقلىغان؛ [4] ئۇنىڭ

---

13:1 **«مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى تەختىپەرىڭ قىلمىغۇچە، مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرىسەن»** ــ «زەب.» 2:110.

**13:1** زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئەف. 20:1؛ ئىبر. 12:10.

14:1 **«شۇنداق ئىكەن، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت نىجاتقا مىراسلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خىزمەتچى روھلار ئەمەسمۇ؟»** ــ دېمىسەكمۇ 1-باب، 4-14-ئايەتلەرنىڭ مەقسىتى، ئوغۇلنىڭ ھەممە پەرىشتىلەردىن كۆپ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

2:2 **«پەرىشتىلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن سۆز-كالام»** ــ مۇسا پەيغەمبەرگە يەتكۈزۈلگەن تەۋرات قانۇنىنى كۆرسىتىدۇ.

**2:2** يار. 17:19، 26؛ قان. 26:27؛ روس. 53:7؛ گال. 19:3.

**3:2** مات. 17:4؛ مار. 14:1؛ ئىبر. 25:12.

ئۈستىگە خۇدا بېشارەتلىك ئالامەتلەر، كارامەتلەر ۋە ھەرخىل
قۇدرەتلىك مۆجىزىلەر ئارقىلىق، شۇنداقلا ئۆز ئىرادىسى بويىچە
مۇقەددەس روھنىڭ ئاتا قىلغان ئىلتىپاتلىرى بىلەن تەڭ بۇنىڭغا
گۇۋاھلىق بەرگەن.

## ئىنسانلارنى شان-شەرەپ يولىغا باشلىغۇچى نىجاتكار – «زەبۇر» 8-كۈي تولغۇۋلۇق

[5] بىز دەۋاتقان كەلگۈسى دۇنيانى خۇدا پەرىشتىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا
ئۆتكۈزۈپ بەرگىنى يوق؛ [6] بەلكى بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلارنىڭ بىر
يېرىدە بىرەيلەن مۇنداق گۇۋاھلىق بەرگەندۇر: —

«ئى خۇدا، ئىنسان دېگەن نېمىدى،
سەن ئۇنى سېغىنىدىكەنسەن؟
ئادەم بالىسى نېمىدى،
سەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ يوقلايدىكەنسەن؟
[7] چۈنكى سەن ئۇنىڭ ئورنىنى پەرىشتىلەرنىڭكىدىن ئازغىنە تۆۋەن
بېكىتكەنسەن،
سەن ئۇنىڭغا شان-شەرەپ ۋە شۆھرەتلەرنى تاج قىلىپ كىيدۈردۈڭسەن؛
ئۇنى قولۇڭ ياسىغانلارنى ئىدارە قىلىشقا تىكلىدىڭ؛
[8] سەن بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدا بويسۇندۇرغانسەن».
ئەمدى «بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدا بويسۇندۇرغانسەن»
دېگىنى، ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىققا قالدۇرۇلمىغان،
دېگەنلىكتۇر.

---

**4:2** مار. 20:16؛ روس. 3:14؛ 11:19.

**6:2** زەب. 4:8

**7:2** «سەن ئۇنىڭ ئورنىنى پەرىشتىلەرنىڭكىدىن ئازغىنە تۆۋەن بېكىتكەنسەن،...» — ياكى «سەن ئۇنىڭ ئورنىنى پەرىشتىلەرنىڭكىدىن ئازراق ۋاقىتلا تۆۋەن بېكىتكەنسەن،...». **«ئۇنى قولۇڭ ياسىغانلارنى ئىدارە قىلىشقا تىكلىدىڭ»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە مۇشۇ سۆزلەر تېپىلمايدۇ.

**7:2** زەب. 8:5-6

**بىراق، ھازىرچە مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۇنىڭغا**
**بويسۇنغانلىقىنى تېخى كۆرمەيۋاتىمىز. [9] لېكىن بىز ئۇچۇن**
**پەرىشتىلەردىن «ئازغىنە ۋاقىت تۆۋەن قىلىنغان»، ئۆلۈم ئازابلىرىنى**
**تارتقانلىقى ئۈچۈن ھازىر شان-شەرەپ ۋە ھۆرمەت تاجى كىيدۈرۈلگەن**
**ئەيسانى كۆرگۈچى بولدۇق؛ چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى**
**بىلەن ھەممەيلەن ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىدى.**
[10] **چۈنكى پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئۆزى ئۈچۈنمۇ ھەم ئۆزى ئارقىلىقمۇ**
**مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خۇداغا نىسبەتەن، نۇرغۇن ئوغۇللارنى شان-**
**شەرەپكە باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ نىجاتىنىڭ يول باشلىغۇچىسىنى**
**ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزۈشكە لايىق كەلدى.**
[11] **چۈنكى پاك-مۇقەددەس قىلغۇچى بىلەن پاك-مۇقەددەس**
**قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى دەرۋەقە ئوخشاش بىرسىدىن كەلگەندۇر؛**
**شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنى «قېرىنداش» دېيىشتىن نومۇس قىلمايدۇ.**
[12] **خۇددى ئۇ خۇداغا** (مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغاندەك)**:**

**8:2** زەب. 8:8؛ مات. 18:28؛ 1كور. 27:15؛ ئەف. 22:1.

9:2 **«ھەممەيلەن ئۈچۈن»** — ياكى «بارلىق شەيئىلەر ئۈچۈن».

**9:2** زەب. 5:8؛ روس. 33:2؛ فىل. 7:2، 8.

10:2 **«خۇداغا نىسبەتەن، نۇرغۇن ئوغۇللارنى شان-شەرەپكە باشلىغاندا...»** — ئىنجىلدا «خۇدانىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرى» دائىم ئەر ھەم قىز-ئايال ئېتىقادچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«چۈنكى پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئۆزى ئۈچۈنمۇ ھەم ئۆزى ئارقىلىقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خۇداغا نىسبەتەن، نۇرغۇن ئوغۇللارنى شان-شەرەپكە باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ نىجاتىنىڭ يول باشلىغۇچىسىنى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزۈشكە لايىق كەلدى»** — بۇ مۇھىم ۋە سىرلىق ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە يەنە توختىلىمىز.
11:2 **«چۈنكى پاك-مۇقەددەس قىلغۇچى بىلەن پاك-مۇقەددەس قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى دەرۋەقە ئوخشاش بىرسىدىن كەلگەندۇر؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنى «قېرىنداش» دېيىشتىن نومۇس قىلمايدۇ»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «پاك قىلغۇچى» ئەيسا مەسىھنى، «پاك قىلىنغانلار» ئۇ قۇتقۇزغانلارنى، «بىرسىدىن كەلگەن» خۇدائاتىدىن كەلگەننى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەيسا مەسىھ ئۆزى قۇتقۇزغانلارنى «قېرىنداشلىرىم» دەپ ئاتايدۇ.

**11:2** روس. 26:17.

**«نامىڭنى قېرىنداشلىرىمغا جاكارلايمەن،**
**جامائەت ئىچىدە سېنى ناخشىلاردا كۈيلەيمەن» دېگەن.**

**13 ئۇ يەنە: «مەن ساڭا تايىنىمەن» ۋە «قاراڭلار، مانا مەن بۇ يەردە خۇدا**
**ماڭا ئاتا قىلغان پەرزەنتلەر بىلەن بىللە» دېگەن.**
**14 پەرزەنتلەر بولسا ئەت بىلەن قاندىن تەنلىك بولغاچقا، ئوغۇلمۇ**
**شۇ پەرزەنتلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا ئەت ۋە قاندىن تەنلىك بولدى.**
**بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ئۇ ئۆلۈم ئارقىلىق ئۆلۈم هوقۇقىنى**
**تۇتقان ئىبلىسنىڭ كۈچىنى بىكار قىلىپ، 15 ئۆمۈر بويى ئۆلۈم**
**قورقۇنچىدىن قۇللۇققا تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئازادلىققا**
**چىقىرىش ئۈچۈن ئىدى. 16 چۈنكى ئۇ دەرۋەقە پەرىشتىلەرگە ئەمەس،**
**بەلكى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرىغا تۇتىشىدۇ؛ 17 شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ**
**خۇداغا ئائىت ئىشلاردا رەھىمدىل ۋە سادىق باش كاھىن بولۇشى**

12:2 **«نامىڭنى قېرىنداشلىرىمغا جاكارلايمەن، جامائەت ئىچىدە سېنى ناخشىلاردا كۈيلەيمەن»** ــ «زەب.» 22:22 («زەب.» 49:18، 9:40نىمۇ كۆرۈڭ).

**12:2** زەب. 22:22؛ 49:18؛ 9:40

13:2 **«مەن ساڭا تايىنىمەن» ... «قاراڭلار، مانا مەن بۇ يەردە خۇدا ماڭا ئاتا قىلغان پەرزەنتلەر بىلەن بىللە»** ــ تەۋرات، «يەش.» 8:17-18. «ئۇ» ــ مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىشتىن ئالدىنئالا بېشارەت بەرگەن.

**13:2** يەش. 8:17، 18.

14:2 **«... ئۇ ئۆلۈم ئارقىلىق ئۆلۈم هوقۇقىنى تۇتقان ئىبلىسنىڭ كۈچىنى بىكار قىلىپ...»** ــ «ئۆلۈم هوقۇقىنى تۇتقان ئىبلىس» ــ گەرچە شەيتان ئىنسانلارنى بىۋاستە ھالاك قىلالمىسىمۇ، بىراق ئىنسانلارنى گۇناھ قىلىشقا ئازدۇرۇش ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. ئازدۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى گۇناھ، گۇناھنىڭ ئاقىۋىتى بولسا مەڭگۈلۈك ئۆلۈمدۇر.

**14:2** يەش. 8:25؛ ھوش. 14:13؛ يۇھ. 14:1؛ 1كور. 54:15؛ فىل. 7:2؛ 2تىم. 10:1.

**15:2** رىم. 15:8.

16:2 **«چۈنكى ئۇ دەرۋەقە پەرىشتىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرىغا تۇتىشىدۇ»** ــ تەۋرات «يەش.» 41:7-9نى كۆرۈڭ. «ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرىغا تۇتىشىدۇ» ــ گرېك تىلىدا بۇ سۆز (1) مەسىھنىڭ (ئىبراھىمغا ئوخشاش، ئېتىقاد قىلغان) ئىنسانلارنى ياردەم قولى بىلەن تۇتۇپ قۇتقۇزىدىغانلىقى؛ (2) بۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەسىھنىڭ ئۇلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۆزىمۇ «ئەت ۋە قاندىن بولغان بىر تەن»دە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇچۇن، خەلقنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قۇربانلىقىنى بېرەلىشى ئۈچۈن، ئۇ ھەر جەھەتتىن قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش قىلىنىشى كېرەك ئىدى. [18] چۈنكى ئۆزى سىناقلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئازاب-ئوقۇبەت چەككەن بولغاچقا، ئۇ سىناقلارغا دۇچ كەلگەنلەرگىمۇ ياردەم بېرەلەيدۇ.

## ئوغۇل مۇسا پەيغەمبەردىن ئۈستۈن

3 [1] شۇنداق ئىكەن، ئەي مۇقەددەس قېرىنداشلار، ئەرشتىن بولغان چاقىرىققا ئورتاق نېسىپ بولغانلار، ئۆزىمىز ئېتىراپ قىلغان روسۇل ۋە باش كاھىن، يەنى ئەيساغا كۆڭۈل قويۇپ قاراڭلار. [2] خۇددى مۇسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدە خىزمەت قىلغاندا خۇداغا سادىق بولغاندەك، ئۇمۇ ئۆزىنى تەيىنلەپ خىزمەتكە قويغۇچىغا سادىق بولدى. [3] لېكىن ئۆيىنى بەرپا قىلغۇچى ئۆزى بەرپا قىلغان ئۆيدىنمۇ ئارتۇق شۆھرەتكە سازاۋەر بولغىنىدەك، ئۇمۇ مۇسادىن ئارتۇق شان-شەرەپكە لايىقتۇر. [4] چۈنكى ھەممە ئۆيىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى باردۇر؛ لېكىن پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى بولسا خۇدادۇر. [5] مۇسا بولسا خىزمەتكار سالاھىيىتى بىلەن خۇدانىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدە سادىقلىق بىلەن كېيىنكى

---

**17:2** فل. 2:7؛ ئىبر. 4:15.

**18:2** ئىبر. 4:15، 16.

**1:3** ئىبر. 4:14؛ 6:20؛ 8:1؛ 9:11.

2:3 **«مۇسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدە خىزمەت قىلغاندا خۇداغا سادىق بولغاندەك...»** ــ «خۇدانىڭ... ئائىلىسى» سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى «خۇدانىڭ ... ئۆيى» بولۇپ، مۇسا پەيغەمبەر زامانىدا بۇ سۆز ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقى كۆزدە تۇتۇلغانىدى. ئەيسا كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن ئېتىقادچىلار جامائىتى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولغان.

**2:3** چۆل. 7:12.

**4:3** 2كور. 5:17، 18؛ ئەف. 2:10.

ئاشكارىلىنىدىغان ئىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى قىلغان.
6 لېكىن مەسىھ بولسا خۇدانىڭ ئائىلىسىگە ئوغۇل سالاھىيىتى
بىلەن ھۆكۈم سۈرىدۇ؛ ۋە ئەگەر بىز جاسارىتىمىز ۋە ئۈمىدىمىزدىن
بولغان ئىپتىخارلىقنى ئاخىرغىچە چىڭ تۇتساق، دەرۋەقە خۇدانىڭ
ئاشۇ ئائىلىسىگە تەۋە بولغان بولىمىز.

## زەبۇر، 95-كۈي ـ ئېتىقادسىزلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش

7 شۇڭا، مۇقەددەس يازمىلاردا مۇقەددەس روھنىڭ دېگىنىدەك،
بۈگۈن، ئەگەر سىلەر خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار،
8 ئەينى چاغلاردا ئۇنى غەزەپلەندۈرۈپ، چۆل-باياۋاندا ئۇنى سىنىغان
كۈنىدىكىدەك،
يۈرىكىڭلارنى قاتتىق قىلماڭلار!
9 مانا شۇ يەردە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مېنى سىنىدى، ئىسپاتلىدى ھەم
مېنىڭ قىلغانلىرىمنى قىرىق يىل كۆرۈپ كەلگەنىدى.
10 مەن شۇ دەۋردىن بىزار بولۇپ: ــ
«بۇلار كۆڭلىدە دائىم ئاداشقانلار،
مېنىڭ يوللىرىمنى ھېچ بىلىپ يەتمىگەن.
11 شۇڭا مەن غەزەپلىنىپ قەسەم ئىچىپ: ــ

5:3 «مۇسا بولسا خىزمەتكار سالاھىيىتى بىلەن خۇدانىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدە سادىقلىق بىلەن كېيىنكى ئاشكارىلىنىدىغان ئىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى قىلغان» ــ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ (خۇدانىڭ ئائىلىسى ئىچىدە بولغان) خىزمىتى كۆپ جەھەتلەردە مەسىھ ئارقىلىق بولىدىغان نىجاتنى ئالدىنئالا كۆرستىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «چۆل.» 7:12نى كۆرۈڭ.

**5:3** قان. 15:18، 18.

**6:3** رىم. 2:5؛ 1كور. 16:3؛ 19:6؛ 2كور. 16:6؛ 1پېت. 5:2.

**7:3** زەب. 7:95؛ ئىبر. 7:4.

**8:3** مىس. 2:17.

«ئۇلار مېنىڭ ئارامىلىقىمغا قەتئىي كىرمەيدۇ» دېدىم».
[12] ئەمدى قېرىنداشلار، ھېچقايسىڭلاردا يامان نىيەتلىك ۋە
ئېتىقادسىز قەلب بولمىسۇن، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەڭگۈ ھايات خۇدادىن
يۈز ئۆرۈمەسلىكىڭگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار؛ [13] پەقەت «بۈگۈن»لا بولىدىكەن،
ھېچقايسىڭلار گۇناھنىڭ ئازدۇرۇشلىرى بىلەن كۆڭلۈڭلارنىڭ
قاتتىقلاشماسلىقى ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر-بىرىڭلارنى جېكىلەڭلار.
[14] دەسلەپتىكى خاتىرجەملىكىمىزنى ئاخىرغىچە چىڭ تۇتساقلا،
دەرۋەقە مەسىھ بىلەن شېرىك بولغان بولىمىز.
[15] يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك: ــ
«بۈگۈن، ئەگەر سىلەر سىلەر خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار،
ئەينى چاغلاردا ئۇنى غەزەپلەندۈرگەن كۈنىدىكىدەك،
يۈرىكىڭلارنى قاتتىق قىلماڭلار!»

[16] (ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۇنى غەزەپلەندۈرگەنلەر
كىملەر ئىدى؟ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىسىردىن
قۇتۇلۇپ چىققان ئاشۇ ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى ئەمەسمۇ؟ [17] ئۇ
قىرىق يىل كىملەرگە غەزەپلەندى؟ يەنىلا شۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ،

**11:3 «شۇڭا مەن غەزەپلىنىپ قەسەم ئىچىپ: ــ «ئۇلار مېنىڭ ئارامىلىقىمغا قەتئىي كىرمەيدۇ» دېدىم»** ــ «زەب.» 95:7-11. «مېنىڭ ئارامىلىقىم» ــ بىرىنچىدىن خۇدا ئىسرائىللارغا ۋەدە بەرگەن قانائان (پەلەستىن) زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ. مىسىردىن چىقىپ چۆل-باياۋاندا قىرىق يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن بىر ئەۋلاد ئىسرائىللار ئېتائەتسىزلىك قىلىپ ئۇ زېمىنغا كىرمىگەن. ئىككىنچىدىن، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىمى، «ئارامىلىق» بولسا، پەقەت زېمىنىنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ پاناھى، يېتەكچىلىكى ھەم شەپقىتى ئاستىدا ياشاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (4-بابنىمۇ كۆرۈڭ).

**11:3** چۆل. 14:21-23؛ قان. 1:34؛ زەب. 95:7-11.

**13:3 «پەقەت «بۈگۈن»لا بولىدىكەن، ھېچقايسىڭلار گۇناھنىڭ ئازدۇرۇشلىرى بىلەن كۆڭلۈڭلارنىڭ قاتتىقلاشماسلىقى ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر-بىرىڭلارنى جېكىلەڭلار»** ــ بۇ ئايەتتىكى «بۈگۈن» يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «زەبۇر» 95-كۈيدىكى سۆز، ئەلۋەتتە.

**15:3** ئىبر. 3:7.

يىقىلىپ جەسەتلىرى چۆلدە قالغانلارغا ئەمەسمۇ؟ [18] شۇنداقلا ئۇ كىملەرگە ئۆز ئاراملىقىمغا قەتئىي كىرمەيسىلەر دەپ قەسەم قىلدى؟ ئۆزىگە ئىتائەت قىلمىغانلارنى ئەمەسمۇ؟ [19] شۇڭا بۇلاردىن كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇلارنىڭ ئاراملىققا كىرەلمەسلىكى ئىشەنچسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئىدى).

## خۇدانىڭ ئاراملىقى ھەققىدىكى ۋەدە

4 [1] ئەمدى ئۇنىڭ ئاراملىقىغا كىرىپ بەھرىمەن بولۇش توغرىسىدىكى ۋەدىسى بىزگە قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاراڭلاردىكى بىرەرسىنىڭمۇ ئۇنىڭ نېسىۋىسىدىن چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇنچتا ئېھتىيات قىلايلى. [2] چۈنكى خۇش خەۋەر خۇددى چۆلدىكى ئىسرائىللارغا ئاڭلىتىلغاندەك بىزلەرگىمۇ ئاڭلىتىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاڭلىغانلىرى ئېتىقاد بىلەن يۇغۇرۇلمىغانلىقتىن، سۆز-كالامنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمىغاندى. [3] چۈنكى بىز ئاراملىققا كىرگەنلەر بولسا ــ ئېتىقاد قىلغان بىزلەرمىز. خۇددى خۇدانىڭ ئېيتقىنىدەك:

«شۇڭا مەن غەزەپلىنىپ قەسەم ئىچىپ: ــ

«ئۇلار مېنىڭ ئاراملىقىمغا قەتئىي كىرمەيدۇ ــ دېگەن».

خۇدانىڭ ئەمەللىرى بولسا دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىلا ھەممىسى تاماملانغاندى؛ [4] چۈنكى يارىتىلىشنىڭ يەتتىنچى كۈنى ھەققىدە

17:3 «ئۇ قىرىق يىل كىملەرگە غەزەپلەندى؟ يەنىلا شۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، يىقىلىپ جەسەتلىرى چۆلدە قالغانلارغا ئەمەسمۇ؟» ــ «چۆل.» 29:14، 32نى كۆرۈڭ.

**17:3** چۆل. 36:14؛ زەب. 26:106؛ 1كور. 10:10؛ يەھ. 5.

**18:3** قان. 34:1.

2:4 **«چۈنكى خۇش خەۋەر خۇددى چۆلدىكى ئىسرائىللارغا ئاڭلىتىلغاندەك بىزلەرگىمۇ ئاڭلىتىلدى»** ــ «چۆلدىكى ئىسرائىللارغا» گرېك تىلىدا «ئۇلارغا» دېيىلىدۇ. بۇ ئايەتتىكى «خۇش خەۋەر» خۇدانىڭ ئاراملىقىنى ئالاھىدە كۆزدە تۇتىدۇ.

**3:4** زەب. 11:95

مۇقەددەس يازمىلارنىڭ بىر يېرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «يەتتىنچى
كۈنى كەلگەندە، خۇدا ھەممە ئەمەللىرىدىن ئارام ئالدى». 5 يەنە
كېلىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك خۇدا: «ئۇلار مېنىڭ ئاراملىقىمغا
قەتئىي كىرمەيدۇ» دېگەنىدى. 6 بۇنىڭدىن كۆرۈنەرلىككى، خۇدانىڭ
ئاراملىقىغا كىرەلەيدىغانلار بار، ئەمما ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خۇش
خەۋەرنى ئاۋۋال ئاڭلىغانلار ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن،
ئۇنىڭغا كىرەلمىدى. 7 شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا ئەنە شۇ ئاراملىق
توغرىسىدا ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىنكى مەلۇم بىر كۈننى «بۈگۈن» دەپ
بېكىتىپ، داۋۇت پەيغەمبەر ئارقىلىق يەنە شۇنداق ئېيتقان: ــ

«بۈگۈن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار،
يۈرىكىڭلارنى قاتتىق قىلماڭلار!»

8 ئەگەر يەشۇئا پەيغەمبەر ئىسرائىللارنى ئاراملىققا كىرگۈزگەن
بولسا ئىدى، خۇدا كېيىن يەنە بىر ئاراملىق كۈنى توغرۇلۇق دېمىگەن
بولاتتى. 9 قىسقىسى، شابات كۈنىدىكى بىر ئاراملىق خۇدانىڭ

---

4:4 **«يەتتىنچى كۈنى كەلگەندە، خۇدا ھەممە ئەمەللىرىدىن ئارام ئالدى»** ــ «يار.» 2:2.

4:4 يار. 2:2؛ مىس. 11:20؛ 17:31.

5:4 **«يەنە كېلىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك خۇدا: «ئۇلار مېنىڭ ئاراملىقىمغا قەتئىي كىرمەيدۇ» دېگەنىدى»** ــ مۇئەللىپ، گەرچە چۆلدە كەزگەن ئىسرائىللار ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن «خۇدانىڭ ئاراملىقى»غا كىرمىگەن بولسىمۇ، كىرىش يولى تېخىچە ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

5:4 زەب. 11:95

6:4 **«ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاۋۋال ئاڭلىغانلار»** ــ دېمەك، خۇدانىڭ ئاراملىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر ئاڭلىغانلار؛ چۆل-باياۋاندا كېزىپ يۈرگەن ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ.

7:4 زەب. 95:7-8؛ ئىبر. 7:3.

8:4 **«ئەگەر يەشۇئا پەيغەمبەر ئىسرائىللارنى ئاراملىققا كىرگۈزگەن بولسا ئىدى، خۇدا كېيىن يەنە بىر ئاراملىق كۈنى توغرۇلۇق دېمىگەن بولاتتى»** ــ يەشۇئا پەيغەمبەر مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئىزباسارى بولۇپ، ئۇ ئىسرائىل خەلقىنى خۇدا ۋەدە بەرگەن زېمىنغا باشلاپ بارغان. «قان.» 3:20، 19:25، «يەشۇئا» 1:15نىمۇ كۆرۈڭ.

خەلقىنى كۈتمەكتە.

[10] چۈنكى خۇدانىڭ ئاراملىقىغا كىرگۈچىلەر خۇددى خۇدا «ئۆز ئەمەل-ئىشلىرىدىن ئارام ئالغان»دەك، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ئارام ئالىدۇ. [11] شۇڭا ھېچقايسىمىزنىڭ ئەنە شۇ ئىسرائىللاردەك ئىتائەتسىزلىك قىلغان ھالىتىدە يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، ھەربىرىمىز بۇ ئاراملىققا كىرىشكە ئىنتىلەيلى.

[12] چۈنكى خۇدانىڭ سۆز-كالامى جانلىقتۇر ۋە كۈچكە ئىگىدۇر، ھەتتا جان بىلەن روھنى، يىلىك بىلەن بوغۇملارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتەلىگۈدەك دەرىجىدە، ھەرقانداق قوش بىسلىق قىلىچتىن ئىتتىكتۇر، قەلبىدىكى ئوي-پىكىر ۋە ئارزۇ-نىيەتلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر. [13] ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق مەۋجۇدات غايىب ئەمەستۇر؛ بەلكى بىزدىن ھېساب ئالغۇچىنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ھەممە ئىش ئوچۇق-ئاشكارىدۇر.

## باش كاھىنىمىز ئەيسا مەسىھ

[14] شۇنداق بولغانىكەن، شۇنداقلا ئەرش-ئاسمانلاردىن ئۆتۈپ چىققان ئۇلۇغ باش كاھىنىمىز، يەنى خۇدانىڭ ئوغلى ئەيسا بولغانىكەن، بىز ئېتىراپ قىلغان ئېتىقادىمىزدا چىڭ تۇرايلى. [15] چۈنكى بىزگە تەيىنلەنگەن باش كاھىنىمىز ئاجىزلىقلىرىمىزغا ھېسداشلىق قىلمىغۇچى ئەمەس، بەلكى بىزگە ئوخشاش ھەرخىل ئازدۇرۇش-

**9:4** **«قىسقىسى، شابات كۈنىدىكى بىر ئاراملىق خۇدانىڭ خەلقىنى كۈتمەكتە»** — «شابات كۈنى» يەتتىنچى كۈنى، يەنى خۇدا ئارام ئالغان كۈنى ۋە ئۆز يەھۇدىي خەلقىگە بېكىتكەن «دەم ئېلىش كۈنى» ئىدى.
**10:4** **«چۈنكى خۇدانىڭ ئاراملىقىغا كىرگۈچىلەر خۇددى خۇدا «ئۆز ئەمەل-ئىشلىرىدىن ئارام ئالغان»دەك، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ئارام ئالىدۇ»** — بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئايەت ئۈستىدە ھەم «خۇدانىڭ ئاراملىقى» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.
**12:4** توپ. 11:12؛ يەش. 2:49؛ ئەف. 17:6.
**13:4** زەب. 33:13-15
**14:4** ئىبر. 1:3؛ 20:6؛ 1:8؛ 11:9.

سىناقلارغا دۇچ كەلگەن، لېكىن گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغۇچىدۇر.
[16] شۇڭا يۈرىكىمىز توق ھالدا رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشىش ۋە ياردەمگە
ئېھتىياجلىق ۋاقتىمىزدا شاپائەت تېپىش ئۈچۈن مېھىر-شەپقەت
ئايان قىلىنغۇچى تەختكە يېقىنلىشايلى.

5 [1] ھەر قېتىملىق باش كاھىن ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللىنىپ،
خەلققە ۋاكالىتەن خۇداغا خىزمەت قىلىشقا، يەنى خەلقنىڭ
ئاتىغان ھەدىيەلىرىنى ۋە گۇناھلار ئۈچۈن قىلغان قۇربانلىقلىرىنى
خۇداغا سۇنۇشقا تەيىنلىنىدۇ. [2] ئۇنىڭ ھەرتەرەپلەپ ئاجىزلىقلىرى
بولغاچقا، بىلمىسىزلەر ۋە يولدىن چەتنىگەنلەرگە مۆلايىملىق بىلەن
مۇئامىلە قىلالايدۇ. [3] شۇ ئاجىزلىقى ئۈچۈن ئۇ خەلقنىڭ گۇناھلىرى
ھېسابىغا قۇربانلىق سۇنغاندەك، ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈنمۇ قۇربانلىق
سۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. [4] ھېچبىر كىشى بۇ شەرەپلىك مەرتىۋىنى
ئۆزلۈكىدىن ئالمايدۇ، پەقەت ھارۇنغا ئوخشاش، خۇدا تەرىپىدىن
چاقىرىلغاندىلا ئۇنى ئالىدۇ. [5] خۇددى شۇنىڭدەك مەسىھمۇ باش
كاھىن مەرتىۋىسىگە ئۆزىنى ئۇلۇغلاپ ئۆزلۈكىدىن ئېرىشكەن
ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۇلۇغلىغۇچى خۇدا ئۆزى ئىدى؛ ئۇ ئۇنىڭغا: ــ

---

**15:4** يەش. 9:53؛ 2كور. 5:21؛ فىل. 2:7؛ ئىبر. 2:18؛ 1پېت. 2:22؛ 1يۇھ. 3:5.
16:4 **«ياردەمگە ئېھتىياجلىق ۋاقتىمىزدا شاپائەت تېپىش ئۈچۈن...»** ــ گرېك تىلىدا «ياردەم» «ئادەمنىڭ (قۇتقۇزغىن! دېگەن) نىداسىغا يۈگۈرۈش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.
**«مېھىر-شەپقەت ئايان قىلىنغۇچى تەخت»** ــ خۇدانىڭ تەختى، ئەلۋەتتە.
**16:4** رىم. 3:25.
**3:5** لاۋ. 9:7؛ 16:6؛ ئىبر. 7:26.
4:5 **«ھېچبىر كىشى بۇ شەرەپلىك مەرتىۋىنى ئۆزلۈكىدىن ئالمايدۇ، پەقەت ھارۇنغا ئوخشاش، خۇدا تەرىپىدىن چاقىرىلغاندىلا ئۇنى ئالىدۇ»** ــ «مىس.» 28:1دە خاتىرىلەنگەندەك، خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە ئاكىسى ھارۇننى ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى باش كاھىنى قىلىپ تەيىنلەش ھەققىدە ئەمر بەرگەن. ھارۇن لاۋىي قەبىلىسىدىن ئىدى.
**4:5** مىس. 1:28؛ 1تار. 23:13؛ 2تار. 26:16.

«سەن مېنىڭ ئوغلۇمدۇرسەن، بۈگۈن مەن سېنى تۇغدۇردۇم» دېگەن.

[6]ئۇ مۇقەددەس يازمىلارنىڭ يەنە بىر يېرىدە ئۇنىڭغا: ــ
«سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە مەلكىزەدەكنىڭ تىپىدىكى بىر
كاھىندۇرسەن» دېگەن.
[7]مەسىھ يەر يۈزىدىكى كۈنلەردە، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا
قادىر بولغۇچىغا قاتتىق نىدالار ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن دۇئا-
تىلاۋەتلەر ۋە يېلىنىشلارنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىكىدىن
دۇئالىرى ئىجابەت قىلىندى. [8]گەرچە ئۇ خۇدانىڭ ئوغلى بولسىمۇ،
ئازاب چېكىشلىرى ئارقىلىق ئىتائەتمەن بولۇشنى ئۆگەندى. [9]ئۇ مانا
مۇشۇنداق مۇكەممەل قىلىنغان بولغاچقا، بارلىق ئۆزىگە ئىتائەت
قىلغۇچىلارغا مەڭگۈلۈك نىجاتنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى بولۇپ،
[10]خۇدا تەرىپىدىن «مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى تەرتىپىدە
باش كاھىن» دەپ جاكارلاندى.

---

5:5 **«سەن مېنىڭ ئوغلۇمدۇرسەن، بۈگۈن مەن سېنى تۇغدۇردۇم»** ــ «زەب.» 7:2.

5:5 زەب. 7:2؛ روس. 33:13؛ ئىبر. 5:1.

6:5 **«مەلكىزەدەكنىڭ تىپىدىكى بىر كاھىن...»** ــ «مەلكىزەدەك» توغرۇلۇق 7-باب 1-، 2-ئايەتلەرگە قارالسۇن. مەلكىزەدەك ئۆزى «يار.» 14-بابتا كۆرۈنىدۇ. **«سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە مەلكىزەدەكنىڭ تىپىدىكى بىر كاھىندۇرسەن»** ــ «زەب.» 4:110.

6:5 زەب. 4:110؛ ئىبر. 17:7.

7:5 **«مەسىھ يەر يۈزىدىكى كۈنلەردە...»** ــ گرېك تىلىدا «مەسىھ ئەتتە تۇرغان كۈنلەردە...» بىلەن ىپادىلىنىدۇ.

7:5 مات. 39:26؛ 46:27، 50؛ يۇھ. 1:17.

8:5 فىل. 6:2.

9:5 **«مەڭگۈلۈك نىجاتنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى بولۇپ،...»** ــ «بارلىققا كەلتۈرگۈچى» دېگەن ئىبارە گرېك تىلىدا «يول باشلىغۇچى» ھەم «ئۇل سالغۇچى» دېگەن يەنە ئىككى مەنىنىمۇ تەڭ بىلدۈرىدۇ.

10:5 **«ئۇ مەسىھ... خۇدا تەرىپىدىن «مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى تەرتىپىدە باش كاھىن» دەپ جاكارلاندى»** ــ 7-باب 1-، 2-ئايەتلەرگە قارالسۇن. مەلكىزەدەك ئۆزى «يار.» 14-بابتا كۆرۈنىدۇ.

## ئېتىقادتىن يانماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش

11 بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېيتىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىمىز بار، لېكىن قۇلاقلىرىڭلار پاڭ بولۇپ كەتكەچكە، بۇلارنى سىلەرگە ئېنىق چۈشەندۈرۈش تەس. 12 چۈنكى سىلەر ئاللىبۇرۇن تەلىم بەرگۈچى بولۇشقا تېگىشلىك بولغان چاغدىمۇ، ئەمەلىيەتتە سىلەر يەنىلا خۇدانىڭ سۆز-كالامىنىڭ ئاساسىي ھەقىقەتلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ يېڭىۋاشتىن ئۆگىتىشىگە موھتاجسىلەر؛ سىلەرگە يېرىك يېمەكلىك ئەمەس، بەلكى يەنىلا سۈت كېرەكتۇر.
13 چۈنكى پەقەت سۈت بىلەنلا ئوزۇقلىنىدىغانلارنىڭ بوۋاقتىن پەرقى يوقتۇر، ئۇلار ھەققانىيەت كالامىغا پىششىق بولمىغان غورىدۇر، خالاس. 14 بىراق يېمەكلىك بولسا يېتىلگەنلەر، يەنى ئۆز ئاڭ-زېھنلىرىنى ياخشى-ياماننى پەرق ئېتىشكە يېتىلدۈرگەنلەر ئۈچۈندۇر.

### داۋامى

6 2-1 شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسىھ توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئاساسىي تەلىمدە توختاپ قالماي، ــ يەنى قايتىدىن «ئۆلۈك ئىشلار»دىن توۋا قىلىش ۋە خۇداغا ئېتىقاد باغلاش، چۆمۈلدۈرۈلۈشلەر، «قول تەگكۈزۈش»، ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى ۋە مەڭگۈلۈك ھۆكۈم-سوراق توغرىسىدىكى تەلىملەردىن ئۇل سالايلى دەپ ئولتۇرماي، مۇكەممەللىككە قاراپ ماڭايلى. 3 خۇدا خالىغانىكەن، بىز شۇنداق

11:5 **«بۇ ئىش توغرۇلۇق...»** ــ ياكى «ئۇ توغرۇلۇق...» (يەنى، مەسىھ ھەققتە...).

12:5 1كور. 3:1، 2، 3.

2-1:6 **««ئۆلۈك ئىشلار»دىن توۋا قىلىش»** ــ «ئۆلۈك ئىشلار» بولسا خۇدانىڭ نىجاتىغا تايانماي قىلغان بارلىق ئىشلار؛ مۇشۇ يەردە مۇئەللىپ شۈبھىسىزكى كۆپ «دىنىي پائالىيەتلەر»نى «ئۆلۈك ئىشلار، خالاس» دېمەكچى. **««ئۆلۈك ئىشلار»دىن توۋا قىلىش ۋە خۇداغا ئېتىقاد باغلاش، چۆمۈلدۈرۈلۈشلەر، «قول تەگكۈزۈش»، ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى ۋە مەڭگۈلۈك ھۆكۈم-سوراق توغرىسىدىكى تەلىملەر...»** ــ بۇ ئالتە «ئاساسىي تەلىم»نى شەرھلەش ئۈچۈن، بىرقانچە ئىشلار ئۈستىدە توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، «قوشۇمچە

**قىلىمىز. 4-6 چۈنكى ئەسلىدە يورۇتۇلۇپ، ئەرشتىكى ئىلتىپاتتىن**
**تېتىغان، مۇقەددەس روھتىن نېسىپ بولغان، خۇدانىڭ سۆز-كالامىنىڭ**
**ياخشىلىقىنى ھەم كەلگۈسى زاماندا ئايان قىلىنىدىغان قۇدرەتلەرنى**
**ھېس قىلىپ باققانلار ئەگەر يولدىن چەتنىگەن بولسا، ئۇلارنى قايتىدىن**
**توۋا قىلدۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە**
**قىلىپ خۇدانىڭ ئوغلىنى قايتىدىن كرېستلەپ رەسۋا قىلماقتا.**
**7 چۈنكى كۆپ قېتىملاپ ئۆز ئۈستىگە ياغقان يامغۇر سۈيىنى ئىچكەن،**
**ئۆزىدە تېرىغۇچىلارغا مەنپەئەتلىك زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەن**
**يەر بولسا خۇدادىن بەرىكەت ئالماقتا. 8 بىراق تىكەن ۋە قامغاق**
**ئۆستۈرگەن بولسا، ئۇ ئەرزىمەس بولۇپ، لەنەتكە يېقىن بولۇپ،**
**ئاقىۋىتى كۆيدۈرۈلۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ.**
**9 لېكىن ئەي سۆيۈملۈكلىرىم، گەرچە يۇقىرىقى ئىشلارنى تىلغا**
**ئالغان بولساقمۇ، سىلەردە بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل ئىشلار، شۇنداقلا**
**نىجاتلىقنىڭ ئېلىپ بارىدىغان ئىشلىرى بار دەپ قايىل بولدۇق.**
**10 چۈنكى خۇدا قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس**
**بەندىلىرىگە قىلغان ۋە ھازىرمۇ قىلىۋاتقان خىزمىتىڭلار ئارقىلىق**
**ئۇنىڭ نامى ئۈچۈن كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتىڭلارنى ئۇنتۇپ**
**قالىدىغان ئادالەتسىزلەردىن ئەمەس.**

---

سۆز»ىمىزدە بۇ ھەقتە توختىلىمىز.
**3:6 «خۇدا خالىغانىكەن، بىز شۇنداق قىلىمىز»** ــ «خۇدا خالىغانىكەن» دېگەنلىك گرېك تىلىدا «ئەگەر خۇدا خالىسا ــ ۋە ئۇ دەرۋەقە شۇنداق خالايدۇ» دەپ بىلدۈرىدۇ.
**3:6** روس. 21:18؛ 1كور. 19:4؛ ياق. 15:4.
**6-4:6 «ئەگەر يولدىن چەتنىگەن بولسا، ئۇلارنى قايتىدىن توۋا قىلدۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە قىلىپ خۇدانىڭ ئوغلىنى قايتىدىن كرېستلەپ رەسۋا قىلماقتا»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «... ئۇلار ئەگەر يولدىن چەتنەپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن خۇدانىڭ ئوغلىنى قايتىدىن كرېستلەپ، شۇنداقلا ئۇنى رەسۋا قىلىۋاتقان بولسا، مۇشۇلارنى قايتىدىن توۋا قىلدۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس». بۇ مۇھىم ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
**6-4:6** مات. 31:12؛ ئىبر. 26:10؛ 1يۇھ. 16:5.
**10:6** پەند. 31:14؛ مات. 42:10؛ 40:25؛ مار. 41:9؛ يۇھ. 20:13.

11 ئەمما سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنىڭ تولۇق جەزم-خاتىرجەملىك
بىلەن بولۇشى ئۈچۈن، ھەربىرىڭلارنىڭ ئاخىرغىچە شۇنداق غەيرەت
قىلىشىڭلارغا ئىنتىزارمىز؛ 12 شۇنداقلا سۆرەلمىلەردىن بولماي،
بەلكى ئېتىقاد ۋە سەۋرچانلىق ئارقىلىق خۇدانىڭ ۋەدىلىرىگە
ۋارىسلىق قىلغانلارنى ئۈلگە قىلىدىغانلاردىن بولغايسىلەر.

## خۇدانىڭ ئىبراھىمغا قىلغان ۋەدىلىرى جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ

13 چۈنكى خۇدا ئىبراھىمغا ۋەدە قىلغاندا، ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان
ھېچكىم بولمىغاچقا، ئۆزى بىلەن قەسەم قىلىپ: 14 «ساڭا چوقۇم
بەخت ئاتا قىلىمەن، سېنى چوقۇم كۆپەيتىپ بېرىمەن» ــ دېدى.
15 شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم ئۇزۇن ۋاقىت سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتۈپ،
خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشتى.
16 چۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرىنى تىلغا
ئېلىپ قەسەم قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەسەم ئىسپات-تەستىق
ھېسابلىنىپ، ھەر خىل تالاش-تارتىشلارغا خاتىمە بېرىدۇ.
17 شۇنىڭدەك خۇدا، ئۆز ۋەدىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلارغا ئۆز نىشان-
مەقسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئوچۇقراق بىلدۈرۈش
ئۈچۈن، قەسەم قىلىپ ۋەدە بەردى. 18 شۇنىڭ بىلەن قەتئىي ئۆزگەرمەس
ئىككى ئىش ئارقىلىق، كۆز ئالدىمىزدا قويۇلغان ئۈمىدنى چىڭ
تۇتۇش ئۈچۈن ھالاكەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ ئۇنى باشپاناھ قىلغان
بىزلەر كۈچلۈك رىغبەت-ئىلھامغا ئېرىشەلەيمىز (بۇ ئىككى ئىشتا

**14:6 «ساڭا چوقۇم بەخت ئاتا قىلىمەن، سېنى چوقۇم كۆپەيتىپ بېرىمەن» ــ** ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، ئىبرانىي تىلىدا بۇ خىل قەسەم ئىچىش مۇنداق شەكىلدە ئىدى: «سېنى بەرىكەتلەپ بەرىكەتلەيمەن، سېنى كۆپەيتىپ كۆپەيتىمەن». بۇ شەكىلدە قەسەم ئىچكۈچى ئۆز-ئۆزى بىلەن قەسەم قىلغان دەپ ھېسابلىناتتى. بۇ ۋەدە-قەسەم ئىبراھىم ئىسھاقنى قۇربانگاھ ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن بېرىلگەن («يار.» 17:22دە خاتىرىلىنىدۇ).

**14:6** يار. 3:12؛ 4:17؛ 16:22-17؛ زەب. 8:105-9؛ لۇقا 73:1.

**16:6** مىس. 11:22.

خۇدانىڭ يالغان ئېيتىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە). [19]بۇ
ئۈمىد جېنىمىزغا چىڭ باغلانغان كېمە لەڭگىرىدەك شۈبھىسىز
ھەم مۇستەھكەم بولۇپ، ئەرشتىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى
پەردىسىدىن ئۆتۈپ بىزنى شۇ يەرگە تۇتاشتۇرىدۇ. [20]ئۇ يەرگە
بىز ئۈچۈن يول ئېچىپ ماڭغۇچى ئەيسا بىزدىن ئاۋۋال كىرگەن
بولۇپ، مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى تەرتىپىدە مەڭگۈلۈك
تەيىنلەنگەن باش كاھىن بولدى.

## مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى ھەققىدە
## «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 17:14-19نى كۆرۈڭ

7 [1]چۈنكى بۇ مەلكىزەدەك سالېم شەھىرىنىڭ پادىشاھى،
شۇنداقلا ئەڭ ئالىي بولغۇچى خۇدانىڭ كاھىنى بولۇپ، ئىبراھىم
پادىشاھلارنى يېڭىپ جەڭدىن قايتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان ۋە

18:6 **«شۇنىڭ بىلەن قەتئىي ئۆزگەرمەس ئىككى ئىش ئارقىلىق...»** — بۇ «ئۆزگەرمەس ئىككى ئىش» بولسا خۇدانىڭ ۋەدىسى ۋە ئۇنىڭ قەسىمى بولسا كېرەك. **«كۆز ئالدىمىزدا قويۇلغان ئۈمىدنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن ھالاكەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ ئۇنى باشپاناھ قىلغان بىزلەر كۈچلۈك رىغبەت-ئىلھامغا ئېرىشەلەيمىز»** — «ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ» دېگەن ئىبارە «مۇشۇ رەزىل دۇنيانىڭ ئاقىۋىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ»، دېگەن مەنىدە.

19:6 **«ئەرشتىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى پەردىسىدىن ئۆتۈپ بىزنى شۇ يەرگە تۇتاشتۇرىدۇ»** — «ئەرشتىكى ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسى» دېگەن ئىبارىدە بىز «ئەرشتىكى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ كىرگۈزدۇق. چۈنكى «ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسى» يەر يۈزىدىكى ئىبادەتخانىنى كۆرسەتكەن ئەمەس، بەلكى ئەرشتە بولغان ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدۇ (5:8نى كۆرۈڭ). دېمەك، ئېتىقادچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئاسماندىكى ئىبادەتخانىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جاي بىلەن چىڭ ئالاقىسى باردۇر.

20:6 **«مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى تەرتىپىدە مەڭگۈلۈك تەيىنلەنگەن باش كاھىن بولدى»** — «مەلكىزەدەك» توغرۇلۇق 7-باب 1-، 2-ئايەتلەرگە قارالسۇن. مەلكىزەدەك «يار.» 14-بابتا كۆرۈنىدۇ.

**20:6** ئىبر. 1:3؛ 14:4؛ 1:8؛ 11:9.

**ئۇنىڭغا بەخت تىلىگەنىدى. [2]ئىبراھىم بولسا ئېرىشكەن بارلىق**
**ئولجىسىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ئۇنىڭغا ئاتىغانىدى.** مەلكىزەدەك
دېگەن ئىسمىنىڭ **بىرىنچى مەنىسى «ھەققانىيەت پادىشاھى»**
**دېگەنلىكتۇر؛ ئۇنىڭ يەنە بىر نامى «سالېمنىڭ پادىشاھى» بولۇپ،**
**بۇنىڭ مەنىسى «ئامانلىق پادىشاھى» دېگەنلىكتۇر؛ [3]ئۇنىڭ ئاتىسى**
**يوق، ئانىسى يوق، نەسەبنامىسى يوق، كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى**
**ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى يوقتۇر، بەلكى ئۇ خۇدانىڭ ئوغلىغا**
**ئوخشاش قىلىنىپ، مەڭگۈلۈك كاھىن بولۇپ تۇرىدۇ.**
**[4]ئەمدى قاراڭلار، بۇ مەلكىزەدەك نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئادەم-ھە!**
**ھەتتا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ چوڭى ئىبراھىممۇ ئولجىسىنىڭ**
**ئوندىن بىرىنى ئۇنىڭغا ئاتىغان. [5]دەرۋەقە لاۋىينىڭ ئەۋلادلىرىدىن**
**كاھىنلىقنى زىممىسىگە ئالغانلار تەۋرات قانۇنى بويىچە خەلقتىن،**
**يەنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئىبراھىمنىڭ پۇشتىدىن بولغىنىغا**
**قارىماي تاپقىنىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى يىغىشى ئەمر قىلىنغان.**
**[6]لېكىن بۇلارنىڭ قەبىلە-ئۇرۇقىدىن بولمىغان مەلكىزەدەك بولسا**
**ئىبراھىمدىن «ئوندىن بىر ئۈلۈشى»نى قوبۇل قىلغان ئاندىن**
**خۇدانىڭ ۋەدىلىرىگە ئىگە بولغۇچى ئىبراھىمغا بەخت تىلىگە**
**ن. [7]شۈبھىسىزكى، بەخت تىلىگۈچى بەختكە ئېرىشكۈچىدىن**

**1:7** **«سالېم شەھىرى»** ــ يەنى يېرۇسالېم؛ «سالېم»نىڭ مەنىسى «سالام، ئامانلىق»تۇر.

**1:7** يار. 14:17-20.

**3:7** **«ئۇنىڭ ئاتىسى يوق، ئانىسى يوق، نەسەبنامىسى يوق، كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى يوقتۇر، بەلكى ئۇ خۇدانىڭ ئوغلىغا ئوخشاش قىلىنىپ، مەڭگۈلۈك كاھىن بولۇپ تۇرىدۇ»** ــ بۇ ئايەتنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**5:7** **«ئىبراھىمنىڭ پۇشتىدىن بولغىنى...»** ــ گرېك تىلىدا: «ئىبراھىمنىڭ چاتىرىقىدىن چىققانلار...» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**5:7** چۆل. 21:18؛ قان. 1:18؛ يە. 4:14؛ 2تار. 5:31.

**6:7** يار. 20:14.

ئۈستۈندۇر. [8]بۇ يەردىكى «ئوندىن بىر ئۈلۈش»نى قوبۇل قىلغۇچىلار
ئۆلىدىغان ئادەملەردىندۇر؛ ئۇ يەردىكى «ئوندىن بىر ئۈلۈش»نى قوبۇل
قىلغۇچى توغرىسىدا مۇقەددەس يازمىلاردا «ئۇ ھايات ياشىغۇچى»
دەپ گۇۋاھلىق بېرىلگەندۇر.
[9]ھەتتا مۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوندىن بىر ئۈلۈشنى ئالىدىغان
لاۋىيمۇ ئەجدادى ئىبراھىم ئارقىلىق مەلكىزەدەككە ئوندىن بىر
ئۈلۈشنى بەرگەن. [10]چۈنكى مەلكىزەدەك ئىبراھىمنى قارشى ئالغاندا،
لاۋىينى كەلگۈسىدىكى پۇشتى بولۇش سۈپىتىدە يەنىلا ئىبراھىمنىڭ
تېنىدە ئىدى، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.
[11]ئەمدى لاۋىي قەبىلىسىنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى ئارقىلىق مۇكەممەل
ھەققانىيلىق كېلەلەيدىغان بولسا (چۈنكى شۇ تۈزۈمگە ئاساسلىنىپ
تەۋرات قانۇنى ئىسرائىل خەلقىگە چۈشۈرۈلگەندى)، كېيىنكى
ۋاقىتلاردا ھارۇننىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى بويىچە ئەمەس، بەلكى
مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى بويىچە باشقا بىر كاھىننىڭ
چىقىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بولاتتى؟
[12]ئەمدى كاھىنلىق تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا
مۇناسىۋەتلىك قانۇن-تۈزۈممۇ ئۆزگەرتىلىشكە توغرا
كېلىدۇ. [13]چۈنكى بۇ ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەر قارىتىلغان زات بولسا
باشقا بىر قەبىلىدىن بولۇپ، بۇ قەبىلىدىن ھېچكىم قۇربانگاھتا
خىزمەتتە بولۇپ باقمىغان. [14]چۈنكى رەببىمىزنىڭ يەھۇدا

7:7 **«بەخت تىلىگۈچى»** — ياكى «بەخت ئاتا قىلغۇچى».

8:7 **«بۇ يەردىكى «ئوندىن بىر ئۈلۈش»نى قوبۇل قىلغۇچىلار ئۆلىدىغان ئادەملەردىندۇر؛ ئۇ يەردىكى «ئوندىن بىر ئۈلۈش»نى قوبۇل قىلغۇچى توغرىسىدا مۇقەددەس يازمىلاردا «ئۇ ھايات ياشىغۇچى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىلگەندۇر»** — «ئۆلىدىغان ئادەملەر» لاۋىيلىق كاھىنلارنى، «ھايات ياشىغۇچى» بولسا مەلكىزەدەكنى كۆرسىتىدۇ.

9:7 **«ھەتتا مۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوندىن بىر ئۈلۈشنى ئالىدىغان لاۋىيمۇ ئەجدادى ئىبراھىم ئارقىلىق مەلكىزەدەككە ئوندىن بىر ئۈلۈشنى بەرگەن»** — ئوندىن بىر ئۈلۈشنى ئالغىنى لاۋىي ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «لاۋىيلار»دۇر.

**11:7** گال. 21:2.

**قەبىلىسىدىن چىققانلىقى ئېنىق؛ مۇسا بۇ قەبىلە توغرىسىدا**
**كاھىنلىققا مۇناسىۋەتلىك ھېچبىر نەرسە دېمىگەنىدى.**
**[15] ئەمدى مەلكىزەدەكتەك باشقا بىر كاھىن چىققان بولۇپ، بۇ**
**ئۆزگىرىش مۇنۇلاردىن تېخىمۇ روشەن بولىدۇ؛ [16] ئۇنىڭ كاھىنلىققا**
**تەيىنلىنىشى ئەت ئىگىلىرىگە باغلىق ئەمر بىلەن ئەمەس، بەلكى**
**پۈتمەس-تۈگىمەس ھاياتنىڭ قۇدرىتىدىن بولغاندۇر.**
**[17] چۈنكى بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلاردا: «سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە**
**مەلكىزەدەكنىڭ تىپىدىكى بىر كاھىندۇرسەن» دەپ گۇۋاھلىق**
**بېرىلگەن. [18] چۈنكى ئالدىنقى ئەمر-تۈزۈم ئاجىزلىقى ۋە**
**ئۈنۈمسىزلىكى تۈپەيلىدىن كۈچىدىن قالدۇرۇلغان [19] (چۈنكى تەۋرات**
**قانۇنى ھېچ ئىشنى كامالەتكە يەتكۈزەلمىدى). ئۇنىڭ ئورنىغا**
**بىزنى خۇداغا يېقىنلاشتۇرىدىغان، ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ئۈمىد ئېلىپ**
**كېلىندى. [20-21] ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىش خۇدانىڭ قەسەمى بىلەن**

14:7 **«چۈنكى رەببىمىزنىڭ يەھۇدا قەبىلىسىدىن چىققانلىقى ئېنىق؛ مۇسا بۇ قەبىلە توغرىسىدا كاھىنلىققا مۇناسىۋەتلىك ھېچبىر نەرسە دېمىگەنىدى»** — مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە كاھىنلار لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان.

**14:7** يەش. 1:11؛ مات. 3:1.

15:7 **«ئەمدى مەلكىزەدەكتەك باشقا بىر كاھىن چىققان بولۇپ، بۇ ئۆزگىرىش مۇنۇلاردىن تېخىمۇ روشەن بولىدۇ»** — «بۇ ئۆزگىرىش» گرېك تىلىدا «بۇ ئىش» دېيىلىدۇ. «بۇ ئىش»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق باشقا پىكىردە بولغان بەزى ئالىملار بار.

16:7 **«... ئۇنىڭ كاھىنلىققا تەيىنلىنىشى ئەت ئىگىلىرىگە باغلىق ئەمر بىلەن ئەمەس، بەلكى پۈتمەس-تۈگىمەس ھاياتنىڭ قۇدرىتىدىن بولغاندۇر»** — «ئەت ئىگىلىرىگە باغلىق ئەمەس» — گرېك تىلىدا «ئەتلىك (دېمەك، ئىنسانىنىڭ ئەتلىرىگە قارايدىغان) بىر ئەمر بويىچە ئەمەس،...». دېمەك، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە كاھىنلار لاۋىي قەبىلىسىدىن بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى ھېچقانداق بىر قەبىلە بىلەن مۇناسىۋەتسىز، پەقەت مەڭگۈ ھايات كىشى بۇنىڭغا لايىق كېلەتتى.

17:7 **«سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە مەلكىزەدەكنىڭ تىپىدىكى بىر كاھىندۇرسەن»** — «مەلكىزەدەك» توغرۇلۇق يەنە 7-باب 1-2-ئايەتلەر ۋە «زەبۇر»دىكى 110-كۈيگە قارالسۇن. مەلكىزەدەك ئۆزى «يار.» 14-بابتا كۆرۈنىدۇ.

**17:7** زەب. 4:110؛ ئىبر. 6:5.

**19:7** يۇھ. 17:1؛ روس. 39:13؛ رىم. 21:3، 28؛ 3:8؛ گال. 16:2.

كاپالەتكە ئىگە بولماي قالمىدى (ئىلگىرى ئۆتكەن كاھىنلار خۇدانىڭ
قەسىمىسىز كاھىن بولغانىدى؛ لېكىن، ئەيسا بولسا ئۆزىگە: ــ
«پەرۋەردىگار شۇنداق قەسەم ئىچتى، ھەم ھەرگىز بۇنىڭدىن يانمايدۇ:
ــ «سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە كاھىندۇرسەن»» دېگۈچىنىڭ قەسىمى
بىلەن كاھىن بولدى). [22] ئەمدى ئەيسا شۇنداق ئۇلۇغ ئىش بىلەن
ئەۋزەل بىر ئەھدىنىڭ كېپىلى قىلىندى.
[23] يەنە كېلىپ، ئىلگىرى ئۆتكەن كاھىنلار كۆپ بولۇشى كېرەك
ئىدى؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆلۈم تۇپەيلىدىن ۋەزىپىسىنى
داۋاملاشتۇرالماي قالغان. [24] لېكىن ئەيسا مەڭگۈگە تۇرغاچقا، ئۇنىڭ
كاھىنلىقى ھەرگىز ئۆزگەرتىلمەستۇر. [25] شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئۆزى ئارقىلىق
خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەنلەرنى ئۈزۈل-كېسىل قۇتقۇزۇشقا قادىر؛ چۈنكى
ئۇ ئۇلار ئۈچۈن خۇداغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەڭگۈ ھاياتتۇر.
[26] مۇشۇنداق بىر باش كاھىن دەل بىزنىڭ ھاجىتىمىزدىن چىقىدىغان
ــ مۇقەددەس، ئەيىبسىز، غۇبارسىز، گۇناھكارلاردىن نېرى قىلىنغان،
ئەرشلەردىن يۇقىرى ئېلىپ كۆتۈرۈلگەن كاھىندۇر. [27] ئۇ ئاشۇ باش
كاھىنلاردەك ھەر كۈنى ئالدى بىلەن ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن، ئاندىن
خەلقنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن قۇربانلىق سۇنۇشقا موھتاج ئەمەس.
چۈنكى ئۇ ئۆزىنى قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنغاندا، ھەممەيلەن
ئۈچۈن بۇنى بىر يولىلا ئادا قىلدى. [28] چۈنكى تەۋرات قانۇنى ئاجىز
بەندە بولغان ئىنسانلارنى باش كاھىن قىلىپ تەيىنلەيدۇ، لېكىن
تەۋرات قانۇنىدىن كېيىن كەلگەن خۇدانىڭ قەسەم-كالامى مەڭگۈگە
كامالەتكە يەتكۈزۈلگەن ئوغۇلنى باش كاھىن قىلىپ تەيىنلىدى.

---

21-20:7 **«پەرۋەردىگار شۇنداق قەسەم ئىچتى، ھەم ھەرگىز بۇنىڭدىن يانمايدۇ: ــ «سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە كاھىندۇرسەن»» دېگۈچىنىڭ قەسىمى بىلەن كاھىن بولدى»** ــ زەبۇردىكى (4:110) تولۇق بايان بولسا: «پەرۋەردىگار شۇنداق قەسەم ئىچتى، ھەم بۇنىڭدىن يانمايدۇ: ــ «سەن ئەبەدىلئەبەدگىچە مەلكىزەدەكنىڭ تىپىدىكى بىر كاھىندۇرسەن»».

**21-20:7** زەب. 4:110.

**25:7** 1تىم. 5:2؛ 1يۇھ. 1:2.

**27:7** لاۋ. 7:9؛ 6:16؛ ئىبر. 3:5.

## باش كاھىنىمىز ئەيسا مەسىھ ـ ئەۋزەل كاھىن، ئەۋزەل ئەھدە

8 [1] ئېيتقانلىرىمىزنىڭ باش نۇقتىسى شۇكى: ئەرشتىكى ئۇلۇغ
بولغۇچىنىڭ تەختىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان شۇنداق بىر
باش كاھىنىمىز بار. [2] ئۇ مۇقەددەس جايلاردا، شۇنداقلا ئىنسان
ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار تىككەن ھەقىقىي ئىبادەت چېدىرىنىڭ
ھەممىسىدە كاھىنلىق خىزمىتىنى قىلغۇچىدۇر.
[3] ھەربىر باش كاھىن ھەدىيە ھەم قۇربانلىقلار سۇنۇش ئۈچۈن
تەيىنلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ باش كاھىنىمىزنىڭمۇ
بىرەر سۇنىدىغىنى بولۇش كېرەك ئىدى. [4] دەرۋەقە ئەگەر ئۇ يەر
يۈزىدە بولسىدى، ھەرگىز كاھىن بولمايتتى؛ چۈنكى بۇ يەردە تەۋرات
قانۇن-تۈزۈمى بويىچە ھەدىيە سۇنىدىغان كاھىنلار ئاللىبۇرۇنلا
باردۇر [5] (بۇ كاھىنلار خىزمەت قىلىدىغان ئىبادەت چېدىرى پەقەتلا
ئەرشتىكى ئىشلارنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ۋە كۆلەڭگىسىدۇر. مۇسا دەل
بۇ ئىبادەت چېدىرىنى قۇرۇشقا باشلىغاندا، خۇدانىڭ ۋەھيىسى
ئۇنىڭغا كېلىپ: «ئېھتىيات قىلغىنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى
ساڭا تاغدا كۆرسىتىلگەن ئۆرنەك بويىچە ياسىغىن» دەپ ئاگاھلان
دۇرغان). [6] لېكىن ھازىر ئۇ (كونا ئەھدىگە ئائىت ۋەدىلەردىن ئەۋزەل
ۋەدىلەر ئۈستىگە بىكىتىلگەچ) تېخىمۇ ياخشى بىر ئەھدىنىڭ
ۋاستىچىسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن كاھىنلىق خىزمىتى

---

**1:8** ئەف. 20:1؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 1:3؛ 14:4؛ 20:6؛ 11:9؛ 2:12.

2:8 **«ئۇ مەسىھ مۇقەددەس جايلاردا، شۇنداقلا ئىنسان ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار تىككەن ھەقىقىي ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھەممىسىدە كاھىنلىق خىزمىتىنى قىلغۇچىدۇر»** ـ «مۇقەددەس جايلار» بولسا «مۇقەددەس جاي» ۋە «ئەڭ مۇقەددەس جاي» دېمەكچى.

3:8 **«بىزنىڭ بۇ باش كاھىنىمىزنىڭمۇ»** ـ گرېك تىلىدا «ئۇنىڭمۇ...».

**3:8** ئەف. 2:5.

**5:8** مىس. 40:25؛ روس. 44:7؛ كول. 17:2؛ ئىبر. 1:10.

باشقا كاھىنلارنىڭكىدىن شۇنچە ئەۋزەل تۇرىدۇ.
7 ئەگەر شۇ دەسلەپكى ئەھدە كەم-كۇتىسىز بولسا ئىدى، كېيىنكىسى
ئۇچۇن ئورۇن ئىزدەشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى بولمىغان بولاتتى.
8 لېكىن، خۇدا كونا ئەھدىنى يېتەرسىز دەپ قاراپ، ئىسرائىللارغا
مۇنداق دېگەن: ــ
«مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن ئىسرائىل
جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى ئۇچۇن يېڭى بىر ئەھدىنى ئەمەلگە
ئاشۇرىمەن. 9 بۇ ئەھدە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزگەن
ئەھدىگە ئوخشىمايدۇ؛ شۇ ئەھدىنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىنى قولىدىن
تۇتۇپ مىسىردىن قۇتقۇزۇپ يېتەكلىگىنىمدە ئۇلار بىلەن تۈزگەنىدىم؛
چۈنكى ئۇلار مەن بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدەمدە تۇرمىدى، مەن ئۇلاردىن
نەزىرىمنى يۆتكىدىم، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار.
10 چۈنكى شۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئىسرائىل جەمەتى بىلەن

**6:8 «لېكىن ھازىر ئۇ ... تېخىمۇ ياخشى بىر ئەھدىنىڭ ۋاسىتىچىسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن كاھىنلىق خىزمىتى باشقا كاھىنلارنىڭكىدىن شۇنچە ئەۋزەل تۇرىدۇ»** ــ بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئەھدە «يېڭى ئەھدە»، 8-12-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

**6:8** 2كور. 6:3.

**7:8 «ئەگەر شۇ دەسلەپكى ئەھدە كەم-كۇتىسىز بولسا ئىدى، كېيىنكىسى ئۇچۇن ئورۇن ئىزدەشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى بولمىغان بولاتتى»** ــ نېمشقا روسۇل مۇشۇ يەردە: «كېيىنكىسى ئۇچۇن ئورۇن ئىزدەشكە ھاجىتى بولمىغان بولاتتى» دەيدۇ، پەقەتلا «كېيىنكىسىنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى بولمىغان بولاتتى» دېمەيدۇ؟ بەلكىم ئۇ «يېڭى ئەھدە» بېشارەت قىلغان پەيغەمبەرلەر (يەرەمىيا، ئەزاكىيال، يەشايا قاتارلىقلار)نى كۆزدە تۇتىدۇ؛ ئۇلار ئۆزى «يېڭى قەلب، يېڭى روھ»قا ئىگە بولۇشقا تەشنا بولۇپ ئىزدىگەن، «يېڭى ئەھدە» دەل مۇشۇلارغا ئايان قىلىنغان.

**8:8 «لېكىن، خۇدا كونا ئەھدىنى يېتەرسىز دەپ قاراپ، ئىسرائىللارغا مۇنداق دېگەن: ــ «مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ــ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ــ مەن ئىسرائىل جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى ئۇچۇن يېڭى بىر ئەھدىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن»** ــ خۇدا ئۆزى بېكىتكەن كونا ئەھدىنى «يېتەرسىز كۆرگەن»لىكى ھەيران قالارلىق كۆرۈنىدۇ، ئەلۋەتتە. يېتەرسىزلىكى بولسا دەل 19:7دە كۆرسىتىلگەندەك «تەۋرات قانۇنى ھېچ ئىشنى كامالەتكە يەتكۈزەلمىدى». «يېڭى ئەھدە» پەقەتلا خۇدانىڭ مۇكەممەل ھەققانىيلىقىنى كۆرسەتكەن بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ ھەققانىيلىقنىڭ ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە قانداق ئورنىتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**8:8** يەر. 31:31-34.

تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى: ــ
«مەن ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ زېھىن-ئەقلىگە سالىمەن،
ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ پۈتىمەن؛ مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن،
ئۇلارمۇ مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ. [11] شۇنىدىن باشلاپ ھېچكىم ئۆز
يۇرتىدىشىغا، ياكى ئۆز قېرىندىشىغا: ــ «پەرۋەردىگارنى تونۇغىن»
دەپ ئۆگىتىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى،
ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە مېنى بىلىپ بولغان بولىدۇ؛
[12] چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكلىرىگە رەھىم قىلىمەن ھەمدە
ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئىتائەتسىزلىكىرىنى مەڭگۈگە ئېسىمدىن
چىقىرىۋېتىمەن».
[13] ئەمدى خۇدانىڭ بۇ ئەھدىنى «يېڭى» دېيىشى بۇرۇنقىسىنى «كونا»
دېگەنلىكىدۇر؛ ئەمدى ۋاقتى ئۆتكەن، كونىرىغان ئىش بولسا ئۆزۈن
ئۆتمەي يوقىلىدۇ.

## كونا ئەھدە دەۋرىدىكى ئىبادەت

9 [1] بىرىنچى ئەھدىدە مۇناسىۋەتلىك ئىبادەت بەلگىلىمىلىرى ۋە
يەر يۈزىگە تەۋە بولغان بىر مۇقەددەس ئىبادەت جايى بار ئىدى.
[2] بۇنىڭغا بىر ئىبادەت چېدىرى تىكلەنگەنىدى؛ ئۇنىڭ مۇقەددەس
جاي دەپ ئاتالغان بىرىنچى بۆلۈمىدە چىراغدان، شىرە ھەم شىرە
ئۈستىدە رەتلەنگەن نانلار بولاتتى. [3] ئۇنىڭ ئىككىنچى، يەنى ئىچكى
پەردىسىنىڭ كەينىدە ئەڭ مۇقەددەس جاي دەپ ئاتالغان يەنە بىر

**10:8 «چۈنكى شۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئىسرائىل جەمەتى بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى...»** ــ يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ بۇ بېشارىتىدە، «شۇ كۈنلەردىن كېيىن» دېگەن ئىبارە خۇدا خەلقىنى ئۆز يۇرتىغا بابىلوندىن قايتۇرغاندىن كېيىنكى كۈنلەرنى كۆرسىتىدۇ.
**11:8** يۇھ. 45:6؛ 65؛ 1يۇھ. 27:2.
**12:8** يەر. 31:31-34.
**2:9** مىس. 1:26؛ 1:36؛ لاۋ. 5:24.

چېدىر بۆلۈمى بار ئىدى. [4]شۇ يەرگە تەۋە بولغان ئالتۇن خۇشبۇيگاھ
ۋە پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ئەھدە ساندۇقى بار ئىدى.
ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئالتۇندىن ياسالغان، ماننا سېلىنغان كومزەك،
ھارۇننىڭ بىخ سۈرگەن ھاسىسى ۋە ئىككى ئەھدە تاش تاختىيىسى
بار ئىدى. [5]ساندۇق ئۈستىدىكى «كەفارەت تەختى»نىڭ ئۈستىگە
شان-شەرەپلىك «كېرۇب»لار ئورنىتىلغان بولۇپ، قاناتلىرى بىلەن
ئۇنى يېپىپ تۇراتتى. ئەمدى بۇلار توغرۇلۇق تەپسىلىي توختىلىشنىڭ
ھازىر ۋاقتى ئەمەس.
[6]بۇ نەرسىلەر مانا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنلا، كاھىنلار
چېدىرنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىگە (يەنى «مۇقەددەس جاي»غا) ھەردائىم

---

3:9 **«ئەڭ مۇقەددەس جاي دەپ ئاتالغان يەنە بىر چېدىر بۆلۈمى»** — «مۇقەددەس جاي» گرېك تىلىدا «مۇقەددەسلەرنىڭ مۇقەددىسى».

4:9 **«ئالتۇندىن ياسالغان، ماننا سېلىنغان كومزەك»** — «ماننا» خۇدا چۆل-باياۋاندا ئىسرائىللارغا بەرگەن «ئاسماندىكى نان» — «مس.» 31:16كە قارالسۇن. **«ھارۇننىڭ بىخ سۈرگەن ھاسىسى»** — خۇدا ھارۇننى يېتەكچى قىلىپ تاللىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھاسىسىنى بىخلاتقانىدى («چۆل.» 16-17-بابنى كۆرۈڭ. **«ئىككى ئەھدە تاش تاختىيىسى»** — بۇلارنىڭ ئۈستىگە «ئون پەرمان» ياكى «ئون پەرھىز» يېزىلغانىدى («مس.» 18:31 ۋە 28:34نى كۆرۈڭ.

**4:9** مس. 10:25؛ 29:34؛ چۆل. 25:17؛ 1پاد. 9:8؛ 2تار. 10:5.

5:9 **«كەفارەت تەختى»** — ياكى «رەھىمگاھ» ياكى «رەھىم كۆرسىتىدىغان تەخت». «مس.» 22:25-34نى كۆرۈڭ. **««كەفارەت تەختى»نىڭ ئۈستىگە شان-شەرەپلىك «كېرۇب»لار ئورنىتىلغان بولۇپ، قاناتلىرى بىلەن ئۇنى يېپىپ تۇراتتى»** — بۇ ئىشلار توغرىسىدا «مس.» 10:25-22، 37:6-9نى كۆرۈڭ. **«ئەمدى بۇلار توغرۇلۇق تەپسىلىي توختىلىشنىڭ ھازىر ۋاقتى ئەمەس»** — بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇ ئېلىپ بارغان نىجاتتىن «بېشارەت بېرىدىغان كۆلەڭگە» ئىدى. بۇ ئايەتتىكى سۆزلەرگە ۋە 5:8كە قارىغاندا، شۇڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، ھەتتا بۇ كونا ئىبادەت چېدىرىنىڭ كىچىككىنە تەپسىلاتلىرىمۇ «بېشارەتلىك كۆلەڭگە» ياكى «سىمۋول» ئىدى. «ماننا» ئۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. «يۇھ.» 30:6-35دە ئەيسانىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرىنى كۆرۈڭ («رىم.» 4:14، «كول.» 16:2-17نىمۇ كۆرۈڭ). خۇدا بۇيرۇسا بۇ ئۇلۇغ ۋە قىزىق نۇقتىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىدىغان كىتابچىنى كېيىن چىقارماقچىمىز.

**5:9** مس. 22:25.

**كىرىپ، ئىبادەت خىزمىتىنى قىلىدۇ. [7]بىراق، «ئەڭ مۇقەددەس**
**جاي» دەپ ئاتالغان ئىككىنچى بۆلۈمگە پەقەت باش كاھىن يىلدا**
**بىر قېتىملا كىرىدۇ. كاھىن ئۇ يەرگە ئۆز گۇناھلىرى ۋە خەلقنىڭ**
**نادانلىقتىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاتالغان قۇربانلىق**
**قېنىنى ئالماي كىرمەيدۇ. [8]بۇ ئىشلار ئارقىلىق مۇقەددەس روھ**
**شۇنى كۆرسىتىپ بەرمەكتىكى، بۇ بىرىنچى ئىبادەت چېدىرىدىكى**
**تۈزۈم ئىناۋەتلىك بولۇپ تۇرسىلا، ئەڭ مۇقەددەس جايغا بارىدىغان**
**يول يەنىلا ئېچىلمايدۇ. [9]مانا بۇلار رەسىمدەك ھازىرقى زاماننى**
**روشەنلەشتۈرىدىغان بىر خىل ئوبراز، خالاس. بۇنىڭدىن شۇنى**
**كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ چېدىردا سۇنۇلىدىغان ھەدىيە ۋە**
**قۇربانلىقلار ئىبادەت قىلغۇچىنى ۋىجداندا پاك-كامىل قىلالمايدۇ.**
**[10]ئۇلار پەقەت يېمەك-ئىچمەكلەر ۋە بويىنى سۇغا سېلىشنىڭ تۈرلۈك**
**رەسمىيەتلىرىگە باغلىق بولۇپ، قانۇن-تۈزۈم تۈزۈتۈلۈش ۋاقتى**
**كەلگۈچىلىك كۈچكە ئىگە قىلىنغان، ئىنسانلارنىڭ ئەتلىرىگىلا**
**باغلىق بولغان بەلگىلىمە-نىزاملاردۇر.**
**[11]لېكىن مەسىھ بولسا كەلگۈسىدىكى كارامەت ياخشى ئىشلارنى**
**ئېلىپ بارغۇچى باش كاھىن بولۇپ، ئادەم قولى بىلەن ياسالمىغان،**
**بۇ دۇنياغا مەنسۇپ بولمىغان، تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە تېخىمۇ مۇكەممەل**
**ئىبادەت چېدىرىغا كىردى. [12]ئۆچكە ياكى موزايلارنىڭ قۇربانلىق**
**قېنىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قېنى ئارقىلىق ئۇ**
**ئۇ (ئۆزىلا مەڭگۈلۈك ھۆرلۈك-نىجاتنى ئىگىلىگەن بولۇپ) بىر**

---

**6:9** چۆل. 3:28.

**7:9** مىس. 10:30؛ لاۋ. 2:16، 34؛ ئىبر. 25:9.

**8:9 «بۇ بىرىنچى ئىبادەت چېدىرىدىكى تۈزۈم ئىناۋەتلىك بولۇپ تۇرسىلا»** — «بىرىنچى ئىبادەت چېدىرى» دېگەن سۆز چېدىرنىڭ ئۆزىنى، شۇنداقلا ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ئىبادەت خىزمەتلىرى (ئۇنىڭدا سۇنۇلغان ھەدىيە ۋە قۇربانلىقلار قاتارلىقلار)نى كۆرسىتىدۇ.

**8:9** يۇھ. 6:14.

**10:9** لاۋ. 2:11؛ چۆل. 7:19-22.

**11:9** ئىبر. 1:3؛ 14:4؛ 20:6؛ 1:8.

يولىلا مەڭگۈگە ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىلا مەڭگۈلۈك ھۆرلۈك-نىجاتنى ئىگىلىدى. [13]كونا ئەھدە
دەۋرىدە ئۆچكە ۋە بۇقىلارنىڭ قېنى ھەم ئىنەكنىڭ كۈللىرى ناپاك بولغانلارنىڭ ئۈستىگە سېپىلسە، ئۇلارنى ئەت جەھەتتىن تازىلاپ پاك قىلغان يەردە، [14]ئۇنداقتا، مەڭگۈلۈك روھ ئارقىلىق ئۆزىنى غۇبارسىز قۇربانلىق سۈپىتىدە خۇداغا ئاتىغان مەسىھنىڭ قېنى ۋىجدانىڭلارنى ئۆلۈك ئىشلاردىن پاك قىلىپ، بىزنى مەڭگۈ ھايات خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا تېخىمۇ يېتەكلىمەمدۇ؟!
[15]شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يېڭى ئەھدىنىڭ ۋاستىچىسىدۇر. بۇنىڭ بىلەن (ئىنسانلارنىڭ ئاۋۋالقى ئەھدە ئاستىدا سادىر قىلغان ئىتائەتسىزلىكلىرى ئۈچۈن ئازادلىق بەدىلى سۈپىتىدە شۇنداق بىر ئۆلۈم بولغانىكەن) خۇدا تەرىپىدىن چاقىرىلغانلار ۋەدە قىلىنغان مەڭگۈلۈك مىراسقا ئېرىشەلەيدۇ.
[16]ئەگەر ۋەسىيەت قالدۇرۇلسا، ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ئۆلۈشى تەستىقلانغۇچە، ۋەسىيەت كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. [17]چۈنكى ۋەسىيەت پەقەت ئۆلۈمدىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى

---

12:9 **«ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قېنى ئارقىلىق ئۇ ئۆزىلا مەڭگۈلۈك ھۆرلۈك-نىجاتنى ئىگىلىگەن بولۇپ بىر يولىلا مەڭگۈگە ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىردى»** — «مەڭگۈلۈك ھۆرلۈك-نىجات» بولسا گۇناھلاردىن بولغان ئازادلىق-نىجاتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىھنىڭ ئىگىلىگىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بارلىق ئىنسانلار (ئېتىقاد قىلغان بولسا) ئۈچۈن، ئەلۋەتتە.

**12:9** روس. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ كول. 14:1؛ ئىبر. 10:10؛ 1پېت. 19:1؛ ۋەھ. 5:1؛ 9:5

**13:9** لاۋ. 14:16؛ چۆل. 4:19؛ ئىبر. 4:10.

14:9 **«ئۇنداقتا، مەڭگۈلۈك روھ ئارقىلىق ئۆزىنى غۇبارسىز قۇربانلىق سۈپىتىدە خۇداغا ئاتىغان مەسىھ...»** — «مەڭگۈلۈك روھ» مۇقەددەس روھ، خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك روھى.

**14:9** لۇقا 74:1؛ رىم. 13:6؛ گال. 4:1؛ 20:2؛ ئەف. 2:5؛ تت. 14:2؛ 1پېت. 2:4؛ 1يۇھ. 7:1؛ ۋەھ. 5:1.

15:9 **«ئىنسانلارنىڭ ئاۋۋالقى ئەھدە ئاستىدا سادىر قىلغان ئىتائەتسىزلىكلىرى ئۈچۈن ئازادلىق بەدىلى سۈپىتىدە شۇنداق بىر ئۆلۈم بولغانىكەن»** — «شۇنداق بىر ئۆلۈم» — مەسىھنىڭ ئۆلۈمى، ئەلۋەتتە.

**15:9** رىم. 6:5؛ 1پېت. 18:3.

هاياتلا بولسا، ۋەسىيەتنىڭ ھېچقانداق كۈچى بولمايدۇ. [18] شۇنىڭغا
ئوخشاش، دەسلەپكى ئەھدىمۇ قان ئېقىتىلغاندىلا، ئاندىن كۈچكە
ئىگە بولغان. [19] چۈنكى مۇسا تەۋرات قانۇنى بويىچە ھەربىر ئەمرىنى
پۈتۈن خەلققە ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، موزاي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ سۇغا
ئارىلاشتۇرۇلغان قېنىنى قىزىل يۇڭ يىپتا باغلانغان زوفا بىلەن
قانۇن دەستۇرىغا ۋە پۈتۈن خەلققە سېپىپ، ئۇلارغا: [20] «مانا، بۇ خۇدا
سىلەرنىڭ ئەمەل قىلىشىڭلارغا ئەمر قىلغان ئەھدىنىڭ قېنىدۇر»
ــ دېدى. [21] ئۇ يەنە ئوخشاش يولدا ئىبادەت چېدىرىغا ۋە چېدىردىكى
ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك پۈتكۈل سايمانلارنىڭ ئۈستىگە قان
سەپتى. [22] دەرۋەقە، تەۋرات قانۇنى بويىچە ھەممە نەرسە دېگۈدەك قان
بىلەن پاكلىنىدۇ؛ قۇربانلىق قېنى تۆكۈلمىگۈچە، گۇناھلار كەچۈرۈم
قىلىنمايدۇ.

[23] خوش، ئەرشتىكىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان بۇ بۇيۇملار مۇشۇنداق
قۇربانلىقلار بىلەن پاكلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئەرشتىكى
نەرسىلەرنىڭ ئۆزى بۇلاردىن ئېسىل قۇربانلىقلار بىلەن پاكلىنىشى
كېرەك. [24] چۈنكى مەسىھ ئەرشتىكى ھەقىقىي ئىبادەت جايىغا تەقلىد
قىلىنغان، ئادەم قولى بىلەن ياسالغان مۇقەددەس جايغا ئەمەس،
بەلكى خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا بىزگە ۋەكىللىك قىلىپ ھازىر بولۇش
ئۈچۈن ئەرشنىڭ ئۆزىگە كىرىپ بولدى.

[25] يەر يۈزىدىكى باش كاھىننىڭ يىلمۇيىل ئۆز قېنىنى ئەمەس، بەلكى

---

17:9 **«71-61-ئايەت»** ــ ياكى «چۈنكى ئەھدە تۈزۈلسە، ئەھدە تۈزۈلگۈچى قۇربانلىق ئۆلۈشى كېرەك. ئەھدە قۇربانلىقى قىلىنغۇچى ئۆلسە، ئەھدە كۈچكە ئىگە بولىدۇ؛ قۇربانلىق تېخى ھاياتلا بولسا، ئەھدە ھېچقانداق كۈچكە ئىگە بولمايدۇ».

**17:9** گال. 15:3.

20:9 **«مانا، بۇ خۇدا سىلەرنىڭ ئەمەل قىلىشىڭلارغا ئەمر قىلغان ئەھدىنىڭ قېنىدۇر»** ــ دېمەك، ئەھدە بۇ قان ئارقىلىق كۈچكە ئىگە قىلىنغان. «مىس.» 24:5-8نى كۆرۈڭ.

**20:9** مىس. 24:8؛ مات. 28:26.

24:9 **«ئادەم قولى بىلەن ياسالغان مۇقەددەس جاي»** ــ «مۇقەددەس جاي» گرېك تىلىدا «مۇقەددەس جايلار» دېيىلىدۇ ــ «مۇقەددەس جاي» ئاندىن «ئەڭ مۇقەددەس جاي» دېمەكچى

قۇربانلىقلارنىڭ قىينىنى ئىلىپ، ئەڭ مۇقەددەس جايغا قايتا-قايتا
كىرىپ تۇرغىنىدەك، ئۇ قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۆزىنى قايتا-قايتا
ئاتاش ئۈچۈن كىرگىنى يوق. 26 ئەگەر شۇنداق قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى
بولغان بولسا، دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى ئۇنىڭ قايتا-قايتا
ئازاب چېكىشىگە توغرا كېلەتتى. لېكىن ئۇ مانا زامانلارنىڭ
ئاخىرىدا گۇناھنى يوق قىلىش ئۈچۈن، بىر يولىلا ئۆزىنى قۇربان
قىلىشقا ئوتتۇرىغا چىقتى. 27 ھەممە ئادەمنىڭ بىر قېتىم ئۆلۈشى
ۋە ئۆلگەندىن كېيىن سوراققا تارتىلىشى بېكىتىلگەنگە ئوخشاش،
28 مەسىھمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش
ئۈچۈن بىرلا قېتىم قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنۇلغاندىن كېيىن،
ئۆزىنى تەلپۈنۈپ كۈتكەنلەرگە گۇناھنى يوق قىلغان ھالدا نىجات
كەلتۈرۈشكە ئىككىنچى قېتىم ئاشكارە بولىدۇ.

## مەسىھنىڭ بىر قېتىملىق قۇربانلىقى

10 1 تەۋرات قانۇنى كەلگۈسىدە ئېلىپ كېلىنىدىغان
گۈزەل ئىشلارنىڭ ئۆز ئەينىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ
كۆلەڭگىسىنىلا سۈرەتلەپ بەرگەچكە، ئۇ تەلەپ قىلىنغان، يىلمۇيىل

25:9 مس. 10:30؛ لاۋ. 2:16، 34؛ ئىبر. 7:9.

28:9 **«مەسىھ... ئۆزىنى تەلپۈنۈپ كۈتكەنلەرگە گۇناھنى يوق قىلغان ھالدا نىجات كەلتۈرۈشكە ئىككىنچى قېتىم ئاشكارە بولىدۇ»** — «گۇناھنى يوق قىلغان ھالدا» گرېك تىلىدا «گۇناھ يوق ھالدا». بىزنىڭچە «گۇناھ يوق ھالدا» دېگەن ئىبارە مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دېيىلگەن ئەمەس (چۈنكى ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى ئېنىق)، بەلكى ئۇنىڭ گۇناھنىڭ ئۆزىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشىنى تۈگىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.
—«گۇناھ يوق ھالدا نىجات كەلتۈرۈشكە ئىككىنچى قېتىم ئاشكارە بولىدۇ» دېگەنلىك توغرىسىدىكى يەنە بىر چۈشەنچىسى: «(مەسىھنىڭ ئىككىنچى قېتىمكى كېلىشى) ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ بەدىلىگە قۇربان بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى نىجات كەلتۈرۈشكە ئىككىنچى قېتىم ئاشكارە بولىدۇ» دېگەندەك.

28:9 رىم. 6:5، 8؛ 1پېت. 18:3.

سۇنۇلۇپ كېلىۋاتقان ئوخشاش قۇربانلىق ئارقىلىق خۇداغا
يېقىنلاشماقچى بولغانلارنى ھەرگىزمۇ مۇكەممەل قىلالمايدۇ.
[2] بولمىسا، مۇشۇ قۇربانلىقلارنىڭ سۇنۇلۇشى ئاخىرلىشاتتى، چۈنكى
ئىبادەت قىلغۇچىلار پاك قىلىنىپ، ۋىجدانى يەنە ئۆز گۇناھلىرى
تۈپەيلىدىن ئازابلانمايتتى. [3] ھالبۇكى، مۇشۇ قۇربانلىقلار يىلمۇيىل
ئۆز گۇناھلىرىنى ئۆزلىرىگە ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. [4] چۈنكى بۇقا ۋە
ئۆچكىلەرنىڭ قېنى گۇناھلارنى ھەرگىز ئېلىپ تاشلىيالمايدۇ.
[5] شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ دۇنياغا كەلگەندە مۇنداق دېگەن: ــ
«نە قۇربانلىق، نە ئاتىغان ئاشلىق ھەدىيەلىرى بولسا سېنىڭ تەلەپ-
ئارزۇيۇڭ ئەمەس،
بىراق سەن مەن ئۈچۈن بىر تەن تەييارلاپ بەردىڭ؛
[6] نە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار، نە گۇناھ قۇربانلىقىدىنمۇ سۆيۈنمىدىڭ؛
[7] شۇڭا جاۋاب بەردىمكى ــ «مانا مەن كەلدىم!
قانۇن دەستۇرۇڭدا مەن توغرۇلۇق پۈتۈلگەندەك ــ
ئى خۇدا، ئىرادەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم».

---

**1:10** كول. 17:2؛ ئىبر. 5:8.

**4:10** لاۋ. 14:16؛ چۆل. 4:19؛ ئىبر. 13:9.

5:10 **«شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ دۇنياغا كەلگەندە مۇنداق دېگەن: ـــ»** ـــ «ئۇ» ـــ مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

**5:10** زەب. 6:40؛ يەش. 11:1؛ يەر. 20:6؛ ئام. 21:5.

7:10 **«...شۇڭا جاۋاب بەردىمكى ـــ «مانا مەن كەلدىم! ـــ قانۇن دەستۇرۇڭدا مەن توغرۇلۇق پۈتۈلگەندەك ـــ ئى خۇدا، ئىرادەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم»»** ـــ (5-7-ئايەت) «زەب.» 6:40-8 (كونا گرېك «سېپتۇئاگىنت» (LXX) تەرجىمىسىدىن). بۇ ئايەتلەردە تەۋراتتىكى تۆت خىل ئاساسىي قۇربانلىق (ئىناقلىق ياكى تەشەككۇر قۇربانلىقلىرى (رەھمەت قۇربانلىقلىرى)، ئاشلىق ھەدىيەلىرى، كۆيدۈرمە ۋە گۇناھنى تىلىگۈچى قۇربانلىقلار) تىلغا ئېلىنىدۇ. —دېمىسەكمۇ، مەسىھ بۇ سۆزلەرنى ئۆزى دۇنياغا كېلىشىدىن 1000 يىلچە بۇرۇن ئۆز روھى ئارقىلىق زەبۇردا داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئاغزىدىن بېشارەت سۈپىتىدە ئالدىنئالا ئېيتىدۇ.

**7:10** زەب. 7:40، 8.

8 ئۇ يۇقىرىدا: «نە قۇربانلىق، نە ئاشلىق ھەدىيەلىرى، نە كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلار نە گۇناھنى تىلىگۈچى قۇربانلىقلار سېنىڭ تەلەپ-
ئارزۇيۇڭ ئەمەس، سەن ئۇلاردىنمۇ سۆيۈنمىدىڭ» (بۇ قۇربانلىقلار
تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپى بويىچە سۇنۇلۇشى كېرەك ئىدى) دېگىنىدىن
كېيىن 9 يەنە: «سېنىڭ ئىرادەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم»
دېگەن. دېمەك، خۇدا كېيىنكىسىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن،
ئالدىنقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 10 خۇدانىڭ بۇ ئىرادىسى بويىچە
ئەيسا مەسىھنىڭ تېنىنىڭ بىر يولىلا قۇربان قىلىنىشى ئارقىلىق
بىز گۇناھتىن پاكلىنىپ، خۇداغا ئاتالدۇق.
11 ھەر كاھىن ھەر كۈنى ئىبادەت خىزمىتىدە تۇرىدۇ، شۇنداقلا
گۇناھلارنى ھەرگىز ساقىت قىلالمايدىغان ئوخشاش خىلدىكى
قۇربانلىقلارنى خۇداغا قايتا-قايتا سۇنىدۇ. 12 بىراق، بۇ كاھىن بولسا
گۇناھلار ئۈچۈن بىرلا قېتىملىق مەڭگۈ ئىناۋەتلىك بىر قۇربانلىقنى

---

9:10 **«دېمەك، خۇدا كېيىنكىسىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئالدىنقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى»** — «ئالدىنقىسى» بەلكىم (1) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كونا ئەھدىگە مۇناسىۋەتلىك قۇربانلىقلارنى ياكى (2) كونا ئەھدىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ؛ «كېيىنكىسى» (ياكى «ئىككىنچىسى») بولسا (3) ئەيسا مەسىھنىڭ بىردىنبىر قۇربانلىقى ياكى (4) 9-ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»نى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە (1) ۋە (4) ئالدى-كەينى ئايەتلەرگە مۇۋاپىقتۇر. يېڭى ئەھدىنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى «خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىش»دىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىرادە مەسىھنىڭ بىزنى گۇناھتىن قۇتقۇزىدىغان قۇربانلىق ئۆلۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.
—دېمەك، بۇ باشقا-باشقا كۆزقاراشلار ئارىسىدىكى پەرقلەر ئانچە چوڭ ئەمەس.
10:10 **«ئەيسا مەسىھنىڭ تېنىنىڭ بىر يولىلا قۇربان قىلىنىشى ئارقىلىق بىز گۇناھتىن پاكلىنىپ، خۇداغا ئاتالدۇق»** — «گۇناھتىن پاكلىنىپ، خۇداغا ئاتالدۇق» گرېك تىلىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ: «مۇقەددەسلەشتۈرۈلدۇق» ياكى «پاك-مۇقەددەس قىلىندۇق». ئىنجىل بويىچە «مۇقەددەس» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى مەزمۇنى بار: (1) گۇناھتىن پاكلانغان؛ (2) خۇداغا ئالاھىدە ئاتالغان.
**10:10** ئىبر. 12:9.

سۇنغاندىن كېيىن، خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇردى؛ [13]ئۇ شۇ يەردە «دۈشمەنلىرى ئۆز ئايىغى ئاستىدا تەختىپەر قىلىنغۇچە» كۈتىدۇ.
[14]ئۇ مۇشۇ بىرلا قۇربانلىق بىلەن خۇداغا ئاتاپ پاك-مۇقەددەس قىلىنغانلارنى مەڭگۈگە مۇكەممەل قىلدى. [15]مۇقەددەس يازمىلاردا پۈتۈلگەندەك، مۇقەددەس روھمۇ بۇ ھەقتە بىزگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاۋۋال: ــ
[16]«ئۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئۇلار بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى، دەيدۇ پەرۋەردىگار؛
مەن ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ زېھىن-ئەقلىگىمۇ سالىمەن،
ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ پۈتىمەن» دېگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە: ــ
[17]«ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئىتائەتسىزلىكىرىنى مەڭگۈگە ئېسىمدىن چىقىرىۋېتىمەن» ــ دېگەن.
[18]ئەمدى شۇ يولدا گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنغانىكەن، گۇناھلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمايدۇ.

---

12:10 **«بىراق، بۇ كاھىن بولسا گۇناھلار ئۈچۈن بىرلا قېتىملىق مەڭگۈ ئىناۋەتلىك بىر قۇربانلىقنى سۇنغاندىن كېيىن، خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇردى»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولىدۇكى، كونا ئەھدە دەۋرىدە كاھىنلارنىڭ خىزمىتىنىڭ ئايىغى يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن دائىم **«تۇراتتى»** (ئۆرە تۇراتتى، ئىبادەت چېدىرىدا ئورۇندۇق يوق ئىدى). لېكىن ئەيسا بىز ئۈچۈن ئۆزىنى بىرلا قۇربانلىق سۇنغاندىن كېيىن **«ئولتۇردى»**.

**12:10** زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئەف. 20:1؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 13:1.

13:10 **«ئۇ شۇ يەردە «دۈشمەنلىرى ئۆز ئايىغى ئاستىدا تەختىپەر قىلىنغۇچە» كۈتىدۇ»** ــ 13:2 ۋە «زەب.» 110نى كۆرۈڭ.

**16:10** يەر. 31:31-34؛ رىم. 27:11؛ ئىبر. 8:8.

17:10 **«...ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئىتائەتسىزلىكىرىنى مەڭگۈگە ئېسىمدىن چىقىرىۋېتىمەن»** ــ (16-17-ئايەت) «يەر.» 31:31-34.

**17:10** يەر. 33:31، 34.

## ئەمدى خۇداغا يېقىنلىشايلى!

[19]شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي قېرىنداشلار، ئەيسانىڭ قېنى ئارقىلىق
ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرىشكە جۈرئەتلىك بولۇپ، [20](ئۇ
بىزگە ئېچىپ بەرگەن، ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسىدىن (يەنى،
ئۇنىڭ ئەت-تېنىدىن) ئۆتىدىغان شۇ يېپيېڭى، ھاياتلىق
يولى بىلەن) [21]شۇنداقلا خۇدانىڭ ئائىلىسىنى باشقۇرىدىغان
بىزنىڭ ئۇلۇغ كاھىنىمىز بولغانلىقى بىلەن، [22]دىللىرىمىز
ۋىجدانىدىكى بۇلغىنىشلاردىن سېپىلىش بىلەن پاكلانغان
ۋە بەدىنىمىز ساپ سۇ بىلەن يۇيۇلغاندەك تازىلانغان ھالدا
ئېتىقادىنىڭ تولۇق جەزم-خاتىرجەملىكى ۋە سەممىمىي قەلب
بىلەن خۇداغا يېقىنلىشايلى! [23]ئەمدى ئېتىراپ قىلغان
ئۈمىدىمىزدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرايلى (چۈنكى ۋەدە بەرگۈچى
بولسا سۆزىدە تۇرغۇچىدۇر) [24]ۋە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىش
ۋە گۈزەل ئىش قىلىشقا بىر-بىرىمىزنى قانداق قوزغاش ۋە
رىغبەتلەندۈرۈشنى ئويلايلى. [25]بەزىلەر ئادەت قىلىۋالغاندەك،
جامائەتتە جەم بولۇشتىن باش تارتمايلى، بەلكى بىر-
بىرىمىزنى جېكىلەپ-ئىلھاملاندۇرايلى؛ بولۇپمۇ شۇ كۈننىڭ

---

**19:10** يۇھ. 9:10؛ 6:14؛ رىم. 2:5؛ ئەف. 13:2؛ 12:3.

**21:10 «شۇنداقلا خۇدانىڭ ئائىلىسىنى باشقۇرىدىغان بىزنىڭ ئۇلۇغ كاھىنىمىز بولغانلىقى بىلەن، ...»** ــ «خۇدانىڭ ئائىلىسى» ئېتىقادچى جامائەتنى كۆرسىتىدۇ.

**22:10 «دىللىرىمىز ۋىجدانىدىكى بۇلغىنىشلاردىن سېپىلىش بىلەن پاكلانغان»** ــ مۇشۇ سۆزلەر يېڭى ئەھدە ئاستىدىكى ئېتىقادچىلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن كونا ئەھدە ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ ــ كونا ئەھدە ئاستىدىكىلەر كاھىن تەرىپىدىن قۇربانلىق قانلىرى سېپىلىشى ئارقىلىق «گۇناھلىرى يېپىلغان» ياكى «كەفارەت قىلىنغان». ئەمدى يېڭى ئەھدە ئاستىدىكىلەرنىڭ دىللىرى ئەيسانىڭ قۇربانلىق قېنى سېپىلىش بىلەن، ۋىجداندا ھېچقانداق بۇلغىنىشلار قالمايدۇ. **«بەدىنىمىز ساپ سۇ بىلەن يۇيۇلغاندەك تازىلانغان ھالدا ئېتىقادىنىڭ تولۇق جەزم-خاتىرجەملىكى ۋە سەممىمىي قەلب بىلەن خۇداغا يېقىنلىشايلى!»** ــ مۇشۇ ئىبارىلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**22:10** ئەز. 25:36.

يېقىنلاشقانلىقىنى بايقىغىنىڭلاردا، تېخىمۇ شۇنداق قىلايلى.
[26] ھەقىقەتنى تونۇشقا نېسىپ بولغاندىن كېيىن، يەنىلا قەستەن
گۇناھ ئۆتكۈزۈۋەرسەك، ئۇ چاغدا گۇناھلار ئۈچۈن سۇنۇلىدىغان
باشقا بىر قۇربانلىق بولماس، [27] بەلكى بىزگە قالىدىغىنى
پەقەت سوراق، شۇنداقلا خۇدا بىلەن قارشىلاشىدىغانلارنى يەپ
تۈگىتىشكە تەييار تۇرىدىغان يالقۇنلۇق ئوتنى قورقۇنچ ئىچىدە
كۈتۈشلا، خالاس. [28] ئەمدى مۇساغا چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىنى
كۆزگە ئىلمىغان ھەرقانداق كىشى ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ
ئىسپاتى بولسا، كەچۈرۈلمەي ئۆلتۈرۈلەتتى. [29] ئۇنداقتا،
بىر كىشى خۇدانىڭ ئوغلىنى دەپسەندە قىلسا، خۇدانىڭ
ئەھدىسىنىڭ قېنىغا، يەنى ئۆزىنى پاك قىلغان قانغا ناپاك دەپ
قارىسا، شەپقەت قىلغۇچى روھنى ھاقارەت قىلسا، بۇنىڭدىن
تېخىمۇ ئېغىر جازاغا لايىق ھېسابلىنىدۇ، دەپ ئويلىمامسىلەر؟
[30] چۈنكى تەۋراتتا «ئىنتىقام مېنىڭكىدۇر، كىشىنىڭ
قىلمىشلىرىنى ئۆز بېشىغا ئۆزۈم ياندۇرىمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار»
ۋە «پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى سوراققا تارتىدۇ» دېگۈچىنى

25:10 **«بولۇپمۇ شۇ كۈننىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بايقىغىنىڭلاردا، تېخىمۇ شۇنداق قىلايلى»** ــ «شۇ كۈن» مەسىھنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىدىغان كۈننى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئىنجىلنى يازغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت بىر كۈن، يەنى «شۇ كۈن»لا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
— —گرېك تىلىدا 19-25-ئايەتلەر بىرلا جۈملە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**26:10** چۆل. 30:15؛ مات. 31:12؛ ئىبر. 4:6؛ 2پېت. 20:2؛ 1يۇھ. 16:5.

27:10 **«بەلكى بىزگە قالىدىغىنى پەقەت سوراق، شۇنداقلا خۇدا بىلەن قارشىلاشىدىغانلارنى يەپ تۈگىتىشكە تەييار تۇرىدىغان يالقۇنلۇق ئوتنى قورقۇنچ ئىچىدە كۈتۈشلا، خالاس»** ــ بۇ مۇھىم ئايەت ئۈستىدە يەنە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

**27:10** قان. 43:32؛ يەش. 11:26

**28:10** چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 15:19؛ مات. 16:18؛ 2كور. 1:13.

بىلىمىز. [31] مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ
جازالىنىش نەقەدەر دەھشەتلىك ئىش-ھە!
[32] ئەمدى سىلەر ئاشۇ يورۇتۇلۇشتىن كېيىن، ئازاب-ئوقۇبەتلىك،
قاتتىق كۈرەشلەرگە بەرداشلىق بەرگەن بۇرۇنقى كۈنلەرنى
ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. [33] بەزى ۋاقىتلاردا رەسۋا قىلىنىپ ھاقارەتلەش
ۋە خارلىنىشلارغا ئۇچرىدىڭلار ۋە بەزى ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق
مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغانلارغا دەرداش بولدۇڭلار. [34] چۈنكى سىلەر
ھەم مەھبۇسلارنىڭ دەردىگە ئورتاق بولدۇڭلار ھەم مال-مۈلكۈڭلار
بۇلانغاندىمۇ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئېسىل ھەم يوقاپ كەتمەيدىغان
باقىي تەئەللۇقاتقا ئىگە بولىدىغانلىقىڭلارنى بىلگەچكە،
خۇشاللىق بىلەن بۇ ئىشنى قوبۇل قىلدىڭلار. [35] شۇنىڭ ئۈچۈن،
جاسارىتىڭلارنى يوقاتماڭلار، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن زور ئىنئام بولىدۇ.
[36] چۈنكى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ ۋەدە قىلغىنىغا
مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن، سەۋر-چىدام قىلىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ.
[37] چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا خۇدا مۇنداق دېگەن: ــ
«پەقەت ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىنلا»،
«كەلگۈچى دەرۋەقە يېتىپ كېلىدۇ،

---

30:10 **«ئىنتىقام مېنىڭكىدۇر، كىشىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆز بېشىغا ئۆزۈم ياندۇرىمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار» ... «پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى سوراققا تارتىدۇ»»** ــ بۇ سۆزلەر «قان.» 35:32 ۋە 36دىن ئېلىنغان.

**30:10** قان. 32:35، 36، 41؛ رىم. 12:19

32:10 **«ئەمدى سىلەر ئاشۇ يورۇتۇلۇشتىن كېيىن، ئازاب-ئوقۇبەتلىك، قاتتىق كۈرەشلەرگە بەرداشلىق بەرگەن بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار»** ــ مۇشۇ ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشى ئېتىقادتا چىڭ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئەلۋەتتە.

34:10 **«چۈنكى سىلەر ھەم مەھبۇسلارنىڭ دەردىگە ئورتاق بولدۇڭلار»** ــ بۇ مەھبۇسلار ئېتىقاد ئۈچۈن زىنداندا ياتقان. **«ھەم مال-مۈلكۈڭلار بۇلانغاندىمۇ،... خۇشاللىق بىلەن بۇ ئىشنى قوبۇل قىلدىڭلار»** ــ «مال-مۈلكۈڭلار بۇلانغاندا» ــ مۇشۇ ئىشنىڭ تارىخىي تەپسىلاتلىرى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**34:10** مات. 5:12؛ روس. 21:33.

**36:10** لۇقا 21:19.

ئۇ كېچىكمەيدۇ.
38 بىراق ھەققانىي بولغۇچى ئېتىقاد بىلەن ياشايدۇ؛
لېكىن ئۇ كەينىگە چېكىنسە،
جېنىم ئۇنىڭدىن سۆيۈنمەيدۇ». 39 ھالبۇكى، بىز بولساق كەينىگە
چېكىنىپ ھالاك بولىدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد بىلەن ئۆز
جېنىمىزنى ئىگىلىگەنلەردىندۇرمىز.

## ئېتىقاد-ئىشەنچ - ئۆتكەنكى گۇۋاھچىلار

11 1 ئېتىقاد بولسا ئۈمىد قىلغان ئىشلارنىڭ رېئاللىقتىكى
ئىپادىسى ۋە كۆرۈنمەيدىغان شەيئىلەرنىڭ دەلىلىدۇر.
2 چۈنكى بۇرۇنقى مۆتىۋەرلىرىمىز قەدىمدە مانا شۇ ئېتىقاد بىلەن
خۇدادىن كەلگەن ياخشى گۇۋاھلىقنى ئالغان.

37:10 «پەقەت ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىنلا»... كەلگۈچى دەرۋەقە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ **كېچىكمەيدۇ»** — «يەش.» 20:26، «ھاب.» 3:2.

**37:10** ھاب. 2:2-3؛ ھاگ. 2:7؛ 1پېت. 1:6؛ 10:5.

38:10 **«بىراق ھەققانىي بولغۇچى ئېتىقاد بىلەن ياشايدۇ»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە: «مېنىڭ ھەققانىي ئادىمىم ئېتىقاد بىلەن ياشايدۇ» دېيىلىدۇ. **«بىراق ھەققانىي بولغۇچى ئېتىقاد بىلەن ياشايدۇ؛ لېكىن ئۇ كەينىگە چېكىنسە، جېنىم ئۇنىڭدىن سۆيۈنمەيدۇ»»** — «ھاب.» 4:2.

**38:10** ھاب. 4:2؛ رىم. 17:1؛ گال. 11:3.

39:10 **«... بىز بولساق كەينىگە چېكىنىپ ھالاك بولىدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد بىلەن ئۆز جېنىمىزنى ئىگىلىگەنلەردىندۇرمىز»** — مۇشۇ ئايەتتە «جان» جىسمانىي تەرەپ ئەمەس، بەلكى روھىي تەرەپتىكى ھاياتنى كۆرسىتىدۇ.

1:11 **«ئېتىقاد بولسا ئۈمىد قىلغان ئىشلارنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىسى»** — ياكى «ئېتىقاد بولسا ئۈمىد قىلغان ئىشلارنىڭ مۇتلەق خاتىرجەملىكى». دېمىسەكمۇ، ئىنجىلدا «ئۈمىد» دائىم دېگۈدەك مۇجمەل بىر ئارزۇ ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ۋەدىلىرىگە چىڭ باغلانغان ئىشتۇر.

2:11 **«چۈنكى بۇرۇنقى مۆتىۋەرلىرىمىز قەدىمدە مانا شۇ ئېتىقاد بىلەن خۇدادىن كەلگەن ياخشى گۇۋاھلىقنى ئالغان»** — «بۇرۇنقى مۆتىۋەرلىرىمىز» دېگەنلىك گرېك تىلىدا «ئاقساقاللىرىمىز». دېمەك، ئىبرانىيلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئېتىقاد تەرىپىدە ئۈلگىلەر ۋە يول باشلىغۇچى بولغانلار.

[3]بىز ئېتىقاد ئارقىلىق كائىناتنىڭ خۇدانىڭ سۆز-كالامى بىلەن
ئورنىتىلغانلىقىنى، شۇنداقلا بىز كۆرۈۋاتقان مەۋجۇداتلارنىڭ
كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەردىن چىققان ئەمەسلىكىنى
چۈشىنەلەيمىز.
[4]ئېتىقادى بولغاچقا هابىل قابىلنىڭكىدىنمۇ ئەۋزەل بىر قۇربانلىقنى
خۇداغا ئاتىغان؛ ئېتىقادى بولغاچقا خۇدا ئۇنىڭ ئاتىغانلىرىنى
تەرىپلەپ، ئۇنىڭغا ھەققانىي دەپ گۇۋاھلىق بەردى. گەرچە ئۆلگەن
بولسىمۇ، ئېتىقادى بىلەن ئۇ يەنىلا بىزگە گەپ قىلماقتا.
[5]ئېتىقادى بولغاچقا، ھانوخ ئۆلۈمنى كۆرمەيلا ئەرشكە كۆتۈرۈلدى؛
خۇدا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتكەچكە، ئۇ يەر يۈزىدە ھېچ تېپىلمىدى.
سەۋەبى ئۇ ئېلىپ كېتىلىشتىن ئىلگىرى، خۇدانى خۇرسەن قىلغان
ئادەم دەپ تەرىپلەنگەنىدى. [6]ئەمدىلىكتە ئېتىقاد بولماي تۇرۇپ،
خۇدانى خۇرسەن قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ چۈنكى خۇدانىڭ
ئالدىغا بارىدىغان كىشى ئۇنىڭ بارلىقىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىنى
ئىزدىگەنلەرگە ئەجرىنى قايتۇرغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى
كېرەك.
[7]ئېتىقادى بولغاچقا، نۇھ تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەقەلەر ھەققىدە
خۇدا تەرىپىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغاندا، ئىخلاسمەنلىك قورقۇنچى بىلەن
ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يوغان بىر كېمە ياسىدى؛
ھەمدە ئېتىقادى ئارقىلىق شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل دۇنيادىكىلەرنىڭ
گۇناھلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى، شۇنداقلا ئېتىقادتىن بولغان

---

3:11 **«بىز ئېتىقاد ئارقىلىق كائىناتنىڭ خۇدانىڭ سۆز-كالامى بىلەن ئورنىتىلغانلىقىنى ... چۈشىنەلەيمىز»** ــ ياكى «بىز ئېتىقاد ئارقىلىق دەۋر-زامانلارنىڭ خۇدانىڭ سۆز-كالامى بىلەن ئورنىتىلغانلىقىنى ... چۈشىنەلەيمىز.».

**3:11** يار. 1:1؛ زەب. 6:33؛ يۇھ. 10:1؛ رىم. 17:4؛ ئەف. 9:3؛ كول. 16:1.

**4:11** يار. 4:4؛ مات. 35:23.

**5:11** يار. 22:5، 24.

ھەققانىيلىققا مىراسخور بولدى.
[8] ئېتىقادى بولغاچقا، خۇدا ئىبراھىمنى ئۇنىڭغا مىراس سۈپىتىدە
بەرمەكچى بولغان زېمىنغا بېرىشقا چاقىرغاندا، ئۇ ئىتائەت
قىلدى؛ ئۇ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ يولغا چىقتى.
[9] ئېتىقادى بولغاچقا ئۇ ۋەدە قىلىنغان زېمىندا، خۇددى ياقا يۇرتتا
تۇرغاندەك مۇساپىر بولۇپ چېدىرلارنى ماكان قىلىپ ياشىدى.
خۇدانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ۋەدىسىنىڭ ئورتاق مىراسخورلىرى بولغان
ئىسھاق ۋە ياقۇپلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇنىڭغا ئوخشاش
ياشىدى. [10] ئىبراھىمنىڭ شۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئۇللىرى
مۇستەھكەم بولغان شەھەرنى كۈتكەنىدى؛ شەھەرنىڭ لايىھىلىگۈچى
ھەم قۇرغۇچىسى خۇدا ئۆزىدۇر.
[11] ئېتىقادى بولغاچقا ساراھ گەرچە ياشىنىپ قالغان، تۇغۇت يېشىدىن
ئۆتكەن بولسىمۇ، ھامىلىدار بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى؛ چۈنكى
ئۇ ۋەدە قىلغان خۇدانى ئىشەنچلىك دەپ قارايتتى. [12] بۇنىڭ بىلەن
بىرلا ئادەمدىن، يەنى ئۆلگەن ئادەمدەك بولۇپ قالغان بىر ئادەمدىن
ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ، دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك

---

7:11 **«ئېتىقادى بولغاچقا، نۇھ .. . ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يوغان بىر كېمە ياسىدى»** ــ «يوغان كېمە» گرېك تىلىدا «ساندۇق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى كېمە ساندۇق شەكلىدە ئىدى («يار.» 6-7-بابنى كۆرۈڭ).

**7:11** يار. 13:6.

**8:11** يار. 4:12.

11:11 **«ئېتىقادى بولغاچقا ساراھ گەرچە ياشىنىپ قالغان، تۇغۇت يېشىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ھامىلىدار بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى؛ چۈنكى ئۇ ۋەدە قىلغان خۇدانى ئىشەنچلىك دەپ قارايتتى»** ــ بەزى تەرجىمىلىردە بۇ جۈملىدە كۆزدە تۇتۇلغان ئېتىقاد ئىگىسى ساراھ ئەمەس، بەلكى ئىبراھىم دەپ قارىلىدۇ. بىرنەچچە سەۋەبلەردىن (جۈملىدىن بالا تۇغۇشتا كۈچ، يەنى ھامىلدار بولۇش ئىقتىدارى كېرەك بولغىنى ئەر كىشى ئەمەس، بەلكى ئايال كىشى بولغانلىقىدىن!)، كۆرستىلگەن ئېتىقادچىنى ساراھ دەپ قارايمىز. ئۇ خۇدانىڭ سۆزىدىن گۇمانلانغاندىن كېيىن، ئەيىبلەنگەن بولۇپ ئاندىن چىڭ ئېتىقادتا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن («يار.» 18:1-15نى كۆرۈڭ).

**11:11** يار. 19:17؛ 2:21؛ لۇقا 36:1.

سانسىز ئەۋلادلار بارلىققا كەلدى.
[13] بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ۋەدە قىلغانلىرىغا مۇيەسسەر
بولماي تۇرۇپلا ئېتىقادى بولغان ھالدا ئالەمدىن ئۆتتى. بىراق ئۇلار
ھايات ۋاقتىدا بۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى
يىراقتىن كۆرۈپ، قۇچاق ئېچىپ خۇرسەنلىك بىلەن كۈتكەن ۋە
ئۆزلىرىنى يەر يۈزىدە مۇساپىر ۋە يولۇچى دەپ ئاشكارە ئېيتقانىدى.
[14] بۇ بۇنداق سۆزلەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ بىر ۋەتەننى تەشنا بولۇپ
ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. [15] دەرۋەقە، ئۇلار ئۆز يۇرتىنى
سېغىنغان بولسا، قايتىپ كېتىش پۇرسىتى چىققان بولاتتى. [16] لېكىن
ئۇلار ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل، يەنى ئەرشتىكى بىر ماكانىنى تەلپۈنۈپ
ئىزدىمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئۆزلىرىنىڭ خۇداسى دەپ
ئاتىلىشىدىن نومۇس قىلمايدۇ؛ چۈنكى مانا، ئۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر
شەھەر ھازىرلىغان.
[17-18] ئىبراھىم خۇدا تەرىپىدىن سىنالغىنىدا، ئېتىقادى بولغاچقا ئوغلى
ئىسھاقنى قۇربانلىق سۈپىتىدە خۇداغا ئاتىدى؛ گەرچە ئۇ خۇدانىڭ
ۋەدىلىرىنى، جۈملىدىن «سېنىڭ نامىڭنى داۋاملاشتۇرىدىغان
نەسلىڭ بولسا ئىسھاقتىن كېلىپ چىقىدۇ» دېگىنىنى تاپشۇرۇۋالغان
بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىردىنبىر ئوغلىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇردى.
[19] چۈنكى ئۇ ھەتتا ئىسھاق ئۆلگەن تەقدىردىمۇ، خۇدانىڭ ئۇنى
تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا،
ئىسھاقنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلگەندەك قايتىدىن تاپشۇرۇۋالدى.
[20] ئېتىقادى بولغاچقا، ئىسھاق ئوغۇللىرى ياقۇپ بىلەن ئەساۋنىڭ
كەلگۈسى ئىشلىرىغا خەيرلىك تىلەپ دۇئا قىلدى.

---

**12:11** يار. 5:15؛ 17:22؛ رىم. 18:4.

**13:11** يار. 4:23؛ 9:47؛ يۇھ. 53:8.

**16:11** مىس. 6:3؛ مات. 32:22؛ روس. 32:7.

**17:11-18** يار. 10:22؛ يار. 12:21؛ رىم. 7:9؛ گال. 29:3.

**20:11** يار. 28:27، 39.

[21] ئېتىقادى بولغاچقا، ياقۇپ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا يۈسۈپنىڭ
ئىككى ئوغلىنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن خەيرلىك دۇئا قىلىپ، ھاسىسىغا
تايىنىپ تۇرۇپ خۇداغا سەجدە قىلدى. [22] ئېتىقادى بولغاچقا، يۈسۈپ
سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندا، بەنى ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن چىقىپ
كېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇستىخانلىرى
توغرۇلۇقمۇ ئەمر قىلدى.
[23] ئېتىقادى بولغاچقا، مۇسا تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئۈچ
ئاي يوشۇردى؛ چۈنكى ئۇلار مۇسانىڭ يېقىملىق بىر بالا ئىكەنلىكىنى
كۆردى، پادىشاھنىڭ پەرمانىدىنمۇ قورقمىدى. [24] ئېتىقادى بولغاچقا،
مۇسا چوڭ بولۇپ ئۇلۇغ زات بولغاندىن كېيىن، «پىرەۋننىڭ قىزىنىڭ
ئوغلى» دېگەن ئاتاقتا تۇرۇۋېرىشنى رەت قىلىپ، [25] گۇناھ ئىچىدىكى
لەززەتلەردىن ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئورنىغا، خۇدانىڭ خەلقى
بىلەن بىللە ئازاب چېكىشنى ئەۋزەل كۆردى. [26] ئۇ مەسىھكە قارىتىلغان
ھاقارەتكە ئۇچراشنى مىسىرنىڭ خەزىنىسىدىكى بايلىقلارغا ئىگە
بولۇشتىنمۇ ئەۋزەل بىلدى. چۈنكى كۆزلىرىنى ئەرشتىكى ئىنئامغا

21:11 **«ئېتىقادى بولغاچقا، ياقۇپ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا يۈسۈپنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن خەيرلىك دۇئا قىلىپ، ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ خۇداغا سەجدە قىلدى»** ــ «يار.» 31:47 (گرېك تىلىدىكى «سەپتۇئاگىنت» (LXX) دېگەن تەرجىمىسى)نى كۆرۈڭ.

**21:11** يار. 31:47؛ 15:48.

22:11 **«ئېتىقادى بولغاچقا، يۈسۈپ سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندا، بەنى ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇستىخانلىرى توغرۇلۇقمۇ ئەمر قىلدى»** ــ يۈسۈپنىڭ ئەمرى بولسا «سىلەر مىسىردىن چىققىنىڭلاردا مېنىڭ ئۇستىخانلىرىمنى ئېلىپ كېتىڭلار» دېگەنلىك ئىدى. «يار.» 24:50 ۋە «مىس.» 19:18نى كۆرۈڭ

**22:11** يار. 24:50.

23:11 **«ئېتىقادى بولغاچقا، مۇسا تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئۈچ ئاي يوشۇردى؛ چۈنكى ئۇلار مۇسانىڭ يېقىملىق بىر بالا ئىكەنلىكىنى كۆردى، پادىشاھنىڭ پەرمانىدىنمۇ قورقمىدى»** ــ «يېقىملىق بىر بالا» بۇ سۆز چوقۇم مۇسانىڭ بىر ئالاھىدىلىكىنى، ئۇنىڭ خۇداغا ياقىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك («روس.» 20:7نىمۇ كۆرۈڭ).

**23:11** مىس. 2:2؛ روس. 20:7.

**25:11** زەب. 10:84

تىكىۋاتاتتى. [27] ئېتىقادى بولغاچقا، ئۇ پادىشاھنىڭ غەزىپىدىنمۇ
قورقماي مىسىردىن چىقىپ كەتتى. جاپا-مۇشەققەتكە چىدىدى،
چۈنكى كۆزگە كۆرۈنمىگۈچى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك
ئىدى. [28] ئېتىقادى بولغاچقا، ئۇ «تۇنجى ئوغلىنىڭ جېنىنى ئالغۇچى»
پەرىشتىنىڭ ئىسرائىللارغا تەگمەسلىكى ئۈچۈن تۇنجى «ئۆتۈپ
كېتىش» ھېيتىنى ئورنىتىپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قاننى
بۇيرۇلغىنى بويىچە سېپىپ-سۇركىدى.
[29] ئېتىقادى بولغاچقا، ئىسرائىللار قىزىل دېڭىزدىن خۇددى
قۇرۇقلۇقتا ماڭغاندەك مېڭىپ ئۆتتى. بىراق ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن
مىسىرلىقلار ئۆتمەكچى بولغاندا سۇغا غەرق بولدى.
[30] ئېتىقادى بولغاچقا، خەلق يەتتە كۈن يېرىخو شەھىرىنىڭ سېپىلىنى
ئايلانغاندىن كېيىن سېپىل ئۆرۈلدى.
[31] ئېتىقادى بولغاچقا، پاھىشە ئايال راھاب ئىسرائىل
چارلىغۇچىلىرىنى دوستلارچە كۈتۈۋالغاچقا، ئىتائەتسىزلەر بولغان

---

26:11 **«ئۇ مۇسا مەسىھكە قارىتىلغان ھاقارەتكە ئۇچراشنى مىسىرنىڭ خەزىنىسىدىكى بايلىقلارغا ئىگە بولۇشتىنمۇ ئەۋزەل بىلدى...»** — «مەسىھكە قارىتىلغان ھاقارەت» دېگەن سۆز بەلكىم مەسىھنىڭ ھەردائىم (ھەتتا دۇنياغا كېلىشىدىن ئىلگىرى) ئۆز خەلقى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاجايىب ئىبارە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

28:11 **«ئېتىقادى بولغاچقا، ئۇ «تۇنجى ئوغلىنىڭ جېنىنى ئالغۇچى» پەرىشتىنىڭ ئىسرائىللارغا تەگمەسلىكى ئۈچۈن تۇنجى «ئۆتۈپ كېتىش» ھېيتىنى ئورنىتىپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قاننى بۇيرۇلغىنى بويىچە سېپىپ-سۇركىدى»** — بۇ ۋەقەلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن «مىس.» 12-بابقا قارالسۇن.

**28:11** مىس. 21:12.

**29:11** مىس. 22:14.

30:11 **«ئېتىقادى بولغاچقا، خەلق يەتتە كۈن يېرىخو شەھىرىنىڭ سېپىلىنى ئايلانغاندىن كېيىن سېپىل ئۆرۈلدى»** — يېرىخو شەھىرى ئىسرائىللار مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، خۇدا بېرىشكە ۋەدە قىلغان قانائان زېمىنىدا جەڭ قىلمايلا ئىگىلىگەن تۇنجى شەھەر. «يەشۇئا» 6-بابنى كۆرۈڭ.

**30:11** يە. 20:6.

ئۆز شەھىرىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ھالاك بولمىدى.
32 مەن يەنە نېمىشقا سۆزلەپ ئولتۇراي؟ گىدېئون، باراق، شىمشون،
يەفتاھ، داۋۇت، سامۇئىل ۋە قالغان باشقا پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا
ئېيتىپ كەلسەم ۋاقىت يەتمەيدۇ. 33 ئۇلار ئېتىقادى بىلەن ئەللەرنىڭ
ئۈستىدىن غالىب كەلدى، ئادالەت يۈرگۈزدى، خۇدا ۋەدە قىلغانلارغا
ئېرىشتى، شىرلارنىڭ ئاغزىلىرىنى ئېتىپ قويدى، 34 دەھشەتلىك
ئوتنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈردى، قىلىچنىڭ تىغىدىن قېچىپ قۇتۇلدى،
ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى، جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتتى، يات ئەللەرنىڭ
قوشۇنلىرىنى تىرى-پىرەڭ قىلدى. 35 ئېتىقادى بولغاچقا، ئاياللار
ئۆلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈزۈپ قايتۇرۇۋالدى؛
بىراق باشقىلار كەلگۈسىدە تېخىمۇ ياخشى ھالدا ئۆلۈمدىن تىرىلەيلى
دەپ، قۇتۇلۇش يولىنى رەت قىلىپ قىيىنىلىشقا بەرداشلىق بەردى.
36 يەنە بەزىلەر سىنىلىپ خار-مەسخىرىلەرگە ئۇچراپ قامچىلاندى،

**31:11** يە. 1:2؛ 23:6؛ ياق. 25:2.

**32:11** ھاك. 6:4؛ 11:6؛ 1:11؛ 7:12؛ 24:13؛ 1سام. 45:17؛ 1سام. 2:12.

33:11 **«ئۇلار ئېتىقادى بىلەن ئەللەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى، ئادالەت يۈرگۈزدى...»** — «ئادالەت يۈرگۈزدى» بەلكىم داۋۇتتەك ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراشلىرىنى، ياكى ئايۇپتەك باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىشنى (مەسىلەن، «ئايۇپ» 29:12-17، 31-بابنى كۆرۈڭ) كۆرسىتىدۇ. **«ئۇلار ئېتىقادى بىلەن ... خۇدا ۋەدە قىلغانلارغا ئېرىشتى، شىرلارنىڭ ئاغزىلىرىنى ئېتىپ قويدى...»** — بىر قېتىم دانىيال پەيغەمبەر شىر ئۇۋىسىغا تاشلانغان، بىراق ئۇ خۇداغا بولغان ئېتىقادى ۋەجىدىن شىرلاردىن قۇتۇلۇپ قالغان. «دان.» 6-بابنى كۆرۈڭ.

**33:11** ھاك. 6:14؛ 1سام. 34:17؛ دان. 23:6.

34:11 **«دەھشەتلىك ئوتنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈردى،...»** — مەسىلەن، «دان.» 3-بابنى كۆرۈڭ

**34:11** 1سام. 1:20؛ 1پاد. 3:19؛ 2پاد. 16:6؛ ئايۇپ 10:42؛ زەب. 12:66؛ يەش. 21:38؛ يو. 10:3

**35:11** 1پاد. 23:17؛ 2پاد. 36:4؛ روس. 25:22.

**بەزىلەر ھەتتا كىشەنلىنىپ زىندانغا تاشلاندى؛ [37] ئۇلار چالما-**
**كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، ھەرە بىلەن ھەرىلىنىپ پارچىلاندى،**
**سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، قىلىچلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى؛ ئۇلار**
**قوي-ئۆچكە تېرىلىرىنى يېپىنچا قىلغان ھالدا سەرسان بولۇپ**
**يۈردى، نامراتلىقتا ياشىدى، قىيىن-قىستاقتا ئۆچرىدى، خورلاندى**
**[38] (ئۇلار بۇ دۇنياغا زايە كەتكەندى)، چۆللەردە، تاغلاردا، ئۆڭكۈرلەردە**
**ۋە گەمىلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈردى.**
**[39] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتىقادى بىلەن خۇدانىڭ ئۆز گۇۋاھى بىلەن**
**تەرىپلەنگەن بولسىمۇ، خۇدانىڭ ۋەدە قىلغىنىغا ئەينى بويىچە**
**ئېرىشكىنى يوق. [40] ئەمدىلىكتە خۇدا بىزلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ئەۋزەل**
**بىر نىشان-مەقسەتنى بېكىتكەن بولۇپ، ئۇلار بىزسىز كامالەتكە**
**يەتكۈزۈلمەيدۇ.**

---

36:11 **«يەنە بەزىلەر سىنىلىپ خار-مەسخىرىلەرگە ئۇچراپ قامچىلاندى، بەزىلەر ھەتتا كىشەنلىنىپ زىندانغا تاشلاندى»** — تەۋراتتا مۇشۇنداق مىساللار نۇرغۇن. 35-ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئازابلار ۋە ئۇشبۇ بابتا بەزى باشقا ئىشلار «ماكابىيلار» دېگەن تارىخىي كىتاب (1-، 2- ۋە 4-توم)دا خاتىرىلىنىدۇ. بۇ كىتاب تەۋراتنىڭ بىر قىسمى بولمىسىمۇ، تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن ئاساسەن ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدۇ.

**36:11** يەر. 2:20.

37:11 **«...ھەرە بىلەن ھەرىلىنىپ پارچىلاندى...»** — يەھۇدىي خەلقىنىڭ بەزى تارىخلىرى بويىچە ماناسسەھ پادىشاھ يەشايا پەيغەمبەرنى شۇنداق قىلغان. تەۋرات ئۆزىدە مۇشۇ تارىخ خاتىرىلەنمىگەن.

**37:11** 1پاد. 13:21؛ 2پاد. 8:1؛ مات. 4:3.

39:11 **«بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتىقادى بىلەن خۇدانىڭ ئۆز گۇۋاھى بىلەن تەرىپلەنگەن بولسىمۇ، خۇدانىڭ ۋەدە قىلغىنىغا ئەينى بويىچە ئېرىشكىنى يوق»** — «ئېرىشكىنى يوق» دېگەنلىك يەر يۈزىدە تىرىك ۋاقتىدا ئېرىشمىگەن، دېمەكچى. تىرىلگەندە پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

40:11 **«ئەمدىلىكتە خۇدا بىزلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ئەۋزەل بىر نىشان-مەقسەتنى بېكىتكەن بولۇپ، ئۇلار بىزسىز كامالەتكە يەتكۈزۈلمەيدۇ»** — دېمەك، ئۇلار بىزنى كۈتۈشى كېرەك، يېڭى ئەھدىدىن بەھرىمەن بولغان ئېتىقادچى بىزلەر بىلەن تەڭ كامالەتكە يەتكۈزۈلىدۇ.

## خۇدا ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەيدۇ

12 [2-1] ئەمدى ئەتراپىمىزدا گۇۋاھچىلار شۇنچە چوڭ بۇلۇتتەك
بىزنى ئورىۋالغاچقا، ھەرخىل ئېغىر يۈك ھەم بىزگە
ئاسانلا چىرمىشىۋالىدىغان گۇناھنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئالدىمىزغا
قويۇلغان يۈگۈرۈش يولىنى چىداملىق بىلەن بېسىپ يۈگۈرەيلى؛
بۇنىڭدا كۆزىمىزنى ئېتىقادىمىزنىڭ يول باشلىغۇچىسى ۋە
تاكامۇللاشتۇرغۇچىسى بولغان ئەيساغا تىكەيلى. ئۇ ئۆزىنى كۈتكەن
خۇشاللىق ئۈچۈن كرېستتىكى ئازابقا بەرداشلىق بەردى ھەم ئۇنىڭدا
بولغان ھاقارەتكە پىسەنت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇدانىڭ
تەختىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغۇزۇلدى.
[3] كۆڭلۈڭلەرنىڭ ھېرىپ سۇۋۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، گۇناھكارلارنىڭ
شۇنچە قاتتىق خورلاشلىرىغا بەرداشلىق بەرگۈچىنى كۆڭۈل قويۇپ
ئويلاڭلار.
[4] گۇناھقا قارشى كۈرەشلەردە تېخى قان ئاققۇزۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىدىڭلار. [5] خۇدانىڭ سىلەرگە ئۆز پەرزەنتلىرىم دەپ جېكىلەيدىغان
مۇقەددەس يازمىلاردىكى مۇنۇ سۆزلىرىنى ئۇنتۇدۇڭلار: —

---

**2-1:12 «ئەمدى ئەتراپىمىزدا گۇۋاھچىلار شۇنچە چوڭ بۇلۇتتەك بىزنى ئورىۋالغاچقا،...»** — «گۇۋاھچىلار» ئىككى تەرەپتىكى سۆز بولۇشى مۇمكىن: (1) يۇقىرىقى 11-بابتا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر بىزگە ئېتىقاد بىلەن ياشاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ «گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى»نى ھەم (2) «ئېتىقادنىڭ بەيگىسى»دە يۈگۈرگىنىمىزدە بۇلارنىڭ ئەرشتىن بىزگە گۇۋاھچىلاردەك قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «بۇلۇت» قىزىق گەپ — «دان.» 13:7، «مات.» 30:24، 46:26، «1تېس.» 17:4، «ۋەھ.» 7:1نى كۆرۈڭ.

**2-1:12** رىم. 4:6؛ 12:12؛ 1كور. 24:9؛ ئەف. 22:4؛ كول. 8:3؛ ئىبر. 36:10؛ 1پېت. 1:2، 2؛ لۇقا 26:24؛ فىل. 2:8-11؛ ئىبر. 3:1؛ 1:8؛ 1پېت. 11:1.

**4:12** 1كور. 13:10.

«ئى ئوغلۇم، پەرۋەردىگارنىڭ تەربىيىسىگە سەل قارىما،
ئەيىبلەنگىنىڭدە كۆڭلۈڭ سوۋۇپ كەتمىسۇن،
6 چۈنكى پەرۋەردىگار سۆيگىنىگە تەربىيە بېرىدۇ،
مېنىڭ ئوغلۇم دەپ قوبۇل قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى دەررىلەيدۇ».

7 ئازاب چەككىنىڭلارنى خۇدانىڭ تەربىيىسى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا
بەرداشلىق بېرىڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭ تەربىيە ئېلىشىڭلارنىڭ
ئۆزى خۇدانىڭ سىلەرنى ئوغلۇم دەپ مۇئامىلە قىلغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. قايسى پەرزەنت ئاتىسى تەرىپىدىن تەربىيىلەنمەيدۇ؟
8 ئەمدى خۇدانىڭ تەربىيىلىشىدە ھەربىر پەرزەنتنىڭ ئۆز ئۈلۈشى
بار؛ لېكىن بۇ ئىش سىلەردە كەم بولسا ھەقىقىي ئوغۇللىرىدىن
ئەمەس، بەلكى ھارامدىن بولغان پەرزەنتى بولۇپ چىقىسىلەر.
9 ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەربىيە بەرگەن
ئەت جەھەتتىكى ئاتىلىرىمىز بار، بىز ئۇلارنىمۇ ھۆرمەتلەپ
كەلدۇق. شۇنداق ئىكەن، روھلارنىڭ ئاتىسىغا تېخىمۇ ئىتائەت
قىلمامدۇق؟ شۇنداقتا ھاياتىمىز ياشنىمامدۇ؟
10 ئەت جەھەتتىكى ئاتىلىرىمىز بەرھەق پەقەت ئۆزى مۇۋاپىق
كۆرگەن يول بويىچە ئازغىنە ۋاقىت بىزنى تەربىيىلىگەن. لېكىن
ئۇ بولسا بىزگە پايدىلىق بولسۇن دەپ، پاك-مۇقەددەسلىكىدىن
مۇيەسسەر بولۇشىمىز ئۈچۈن تەربىيىلەيدۇ. 11 ئەمدى قاتتىق
تەربىيە بېرىلگەن ۋاقىتتا ئادەمنى خۇش قىلمايدۇ، ئەكسىچە
ئادەمنى قايغۇغا چۆمدۈرىدۇ؛ بىراق بۇنىڭ بىلەن تۈزەلگەنلەرگە
ئۇ كېيىن ھەققانىيلىقتىن چىققان تىنچ-خاتىرجەملىكنىڭ

---

**5:12** ئايۇپ 17:5؛ پەند. 12-11:3؛ ۋەھ. 19:3.

6:12 **«ئى ئوغلۇم، پەرۋەردىگارنىڭ تەربىيىسىگە سەل قارىما، ئەيىبلەنگىنىڭدە كۆڭلۈڭ سوۋۇپ كەتمىسۇن، چۈنكى پەرۋەردىگار سۆيگىنىگە تەربىيە بېرىدۇ، مېنىڭ ئوغلۇم دەپ قوبۇل قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى دەررىلەيدۇ»** — «پەند.» 12-11:3.

**6:12** پەند. 12:3، 11

مېۋىسىنى بېرىدۇ.
12 شۇنىڭ ئۈچۈن، «تېلىپ ساڭگىلىغان قولۇڭلارنى، زەئىپلىشىپ
كەتكەن تىزىڭلارنى رۇسلاڭلار» 13 ۋە «ئاقساق»لارنىڭ پۇكۇلۇپ
قالماي، بەلكى شىپا تېپىشى ئۈچۈن پۇتلىرىڭلارنى تۈز يوللاردا
ماڭدۇرۇڭلار.

## خۇدانىڭ قورقۇنچىدا ياشاڭلار

14 بارلىق كىشىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە ۋە پاك-مۇقەددەس
ياشاشقا ئىنتىلىڭلار؛ مۇقەددەس بولمىغان كىشى ھەرگىز
رەبنى كۆرەلمەيدۇ. 15 ئويغاق تۇرۇڭلاركى، ھېچكىم خۇدانىڭ
مېھىر-شەپقىتىدىن مەھرۇم قالمىسۇن؛ ئاراڭلاردا سىلەرگە ئىش
تاپقۇزۇپ سىلەرنى كۆيدۈرىدىغان، شۇنداقلا كۆپ ئادەملەرنى
بۇلغاپ ناپاك بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئۆچ-ئاداۋەت
يىلتىزى ئۈنمىسۇن. 16 ئاراڭلاردا ھېچبىر بۇزۇقلۇق قىلغۇچى
ياكى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇقىنى بىر ۋاخ تاماققا
سېتىۋەتكەن ئەساۋدەك ئىخلاسسىز كىشى بولمىسۇن. 17 چۈنكى
سىلەرگە مەلۇمكى، ئەساۋ كېيىن ئاتىسىنىڭ خەيرلىك دۇئاسىنى
ئېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ كۆز

12:12 «... «تېلىپ ساڭگىلىغان قولۇڭلارنى، زەئىپلىشىپ كەتكەن تىزىڭلارنى رۇسلاڭلار»» — ياكى «...«تېلىپ ساڭگىلىغان قولۇڭلارنى، زەئىپلىشىپ كەتكەن تىزىڭلارنى كۈچەيتىڭلار»» («يەش.» 3:35دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن).

12:12 يەش. 3:35.

13:12 «... «ئاقساق»لارنىڭ پۇكۇلۇپ قالماي، بەلكى شىپا تېپىشى ئۈچۈن پۇتلىرىڭلارنى تۈز يوللاردا ماڭدۇرۇڭلار» — «ئاقساق»لار بەلكىم ئېتىقادى ئاجىزلارنى كۆرسىتىدۇ.

14:12 رىم. 18:12؛ 2تىم. 22:2.

15:12 قان. 17:29؛ روس. 13:17؛ 2كور. 1:6؛ گال. 12:5.

16:12 «...ئۆزىنىڭ تۇنجى ئوغۇللۇق ھوقۇقىنى بىر ۋاخ تاماققا سېتىۋەتكەن ئەساۋدەك ئىخلاسسىز كىشى بولمىسۇن» — «يار.» 29:25-34.

16:12 يار. 33:25؛ ئەف. 3:5؛ كول. 5:3؛ 1تېس. 3:4.

ياشلىرىنى ئېقىتىپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئىشلارنى ئورنىغا كەلتۈرىدىغان تووۋا قىلىش يولىنى تاپالماي، رەت قىلىندى.

## سىناي تېغى ـ ئىسرائىللار تەۋرات قانۇنىنى قوبۇل قىلغان تاغ ـ ۋە زىئون تېغى، يەنى ئەرشتىكى يېرۇسالېم

[18] چۈنكى سىلەر قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان، يالقۇنلاپ ئوت يېنىپ تۇرۇۋاتقان ھەمدە سۇرلۇك بولۇت، قاراڭغۇلۇق ۋە قارا قۇيۇن قاپلىغان ئاشۇ تاغقا كەلمىدىڭلار ـ
[19] (ئۇ جايدا كاناي ساداسى بىلەن سۆزلىگەن ئاۋاز يەتكۈزۈلگەندە، بۇلارنى ئاڭلىغانلار: «بىزگە يەنە سۆز قىلىنمىسۇن!» دەپ خۇداغا يال ۋۇرۇشتى؛ [20] چۈنكى ئۇلار قىلىنغان ئەمرنى كۆتۈرەلمىدى. «ئەگەر بۇ تاغقا ھەتتا بىرەر ھايۋاننىڭ ئايىغى تەگسىمۇ، چالما-كېسەك قىلىپ

---

17:12 « ئۇ ئەساۋ... بۇ ئىشلارنى ئورنىغا كەلتۈرىدىغان تووۋا قىلىش يولىنى تاپالماي...» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئۇ (ئەساۋ) ئۆز گۇناھىدىن تووۋا قىلىش يولىنى تاپالماي...».
ــ«تووۋا قىلىش» گرېك تىلىدا «ئۆزنى» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بەزى تەرجىمانلار بۇ «ئۆزنى» دېگەننى «گۇناھىدىن تووۋا قىلىش»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن «يار.» 27:1ـ40كە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىزدىگىنى ئەسلىدىكى تەلۈلىكىدىن تووۋا قىلىش ئەمەس، بەلكى پەقەت پۇشايمان بىلەن ئاتىسىنىڭ خەيرلىك دۇئاسىلا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ يەردە «تووۋا قىلىش»نىڭ مەنىسى: ــ (1) ئاتىسىنىڭ قارارىنى، ياكى (2) خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىشنى بىلدۈرىدۇ (ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، «تووۋا قىلىش»نىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى «كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىش» «پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتىش» دېگەنلىك).
**17:12** يار. 36:27.
**18:12** «يالقۇنلاپ ئوت يېنىپ تۇرۇۋاتقان ھەمدە سۇرلۇك بولۇت، قاراڭغۇلۇق ۋە قارا قۇيۇن قاپلىغان ئاشۇ تاغقا كەلمىدىڭلار...» ــ «ئاشۇ تاغ» بولسا يەھۇدىي خەلقى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تەۋرات قانۇنىنى قوبۇل قىلغان سىناي تېغىنى كۆرسىتىدۇ («مىس.» 19-بابنى كۆرۈڭ).
**18:12** مىس. 16:19، 10؛ 21:20؛ قان. 22:5.
**19:12** «ئۇ جايدا كاناي ساداسى بىلەن سۆزلىگەن ئاۋاز يەتكۈزۈلگەندە، بۇلارنى ئاڭلىغانلار: «بىزگە يەنە سۆز قىلىنمىسۇن!» دەپ خۇداغا يالۋۇرۇشتى» ــ «قان.» 23:15نى كۆرۈڭ.
**19:12** مىس. 19:20؛ قان. 25:5؛ 16:18.

ئۆلتۈرۈلسۇن» دەپ تاپىلانغانىدى؛ [21] ئۇ كۆرۈنۈش شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى، مۇسامۇ: «بەك قاتتىق قورقۇپ غال-غال تىترەپ كەتتىم» دېگەنىدى).
[22] ــ سىلەر بەلكى زىئون تېغىغا، يەنى مەڭگۈ هايات خۇدانىڭ شەھىرى ــ ئەرشتىكى يېرۇسالېمغا، تۈمەنلىگەن پەرىشتىلەرگە،
[23] ئىسىملىرى ئەرشتە پۈتۈلگەن تۇنجى تۇغۇلغانلارنىڭ هېيت-مەرىكە خۇشاللىقىدا جەم قىلىنغان جامائىتىگە، ھەممەيلەننىڭ سوراقچىسى خۇداغا، تاكامۇللاشتۇرۇلغان ھەققانىي كىشىلەرنىڭ روھلىرىغا [24] ۋە يېڭى ئەھدىنىڭ ۋاستىچىسى ئەيساغا، شۇنداقلا ھەم ئۇنىڭ سېپىلگەن قېنىغا

20:12 **«چۈنكى ئۇلار قىلىنغان ئەمرنى كۆتۈرەلمىدى. ئەگەر بۇ تاغقا ھەتتا بىرەر ھايۋاننىڭ ئايىغى تەگسىمۇ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن» دەپ تاپىلانغانىدى...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «چۈنكى ئۇلارغا تاپىلانغان: «ئەگەر بۇ تاغقا ھەتتا بىرەر ھايۋاننىڭ ئاياغلىرى تەگكەن بولسىمۇ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن» دېگەن ئەمرنى كۆتۈرەلمىدى».

**20:12** مىس. 13:19.

21:12 **«ئۇ كۆرۈنۈش شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى، مۇسامۇ: «بەك قاتتىق قورقۇپ غال-غال تىترەپ كەتتىم» دېگەنىدى»** ــ «قان.» 19:9.

**21:12** قان. 19:9.

**22:12** گال. 26:4؛ ۋەھ. 3:12؛ 21:10-27.

23:12 **«ئىسىملىرى ئەرشتە پۈتۈلگەن تۇنجى تۇغۇلغانلارنىڭ... جامائىتىگە...»** ــ «تۇنجى تۇغۇلغانلار» دېگەن سۆز بۇ يەردە ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىپ، «قايتىدىن تۇغۇلغان» خۇدانىڭ پەرزەنتى دەپ ھېسابلانغانلارنى كۆرسىتىدۇ. **«ئەرشتىكى يېرۇسالېمغا، تۈمەنلىگەن پەرىشتىلەرگە، ئىسىملىرى ئەرشتە پۈتۈلگەن تۇنجى تۇغۇلغانلارنىڭ هېيت-مەرىكە خۇشاللىقىدا جەم قىلىنغان جامائىتىگە،...»** ــ (22-23-ئايەت) باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «هېيت-مەرىكە خۇشاللىقىغا جەم بولىدىغان تۈمەنلىگەن پەرىشتىلەرگە، ئىسىملىرى ئەرشتە يېزىلغان تۇنجى تۇغۇلغانلارنىڭ جامائىتىگە،...». ئىسرائىللارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى يەر يۈزىدە «رويخەت»تە پۈتۈلۈشى بۇيرۇلغانىدى («چۆل.» 1:1-18). لېكىن جامائەتتىكىلەرنىڭ ئىسىملىرى يەر يۈزىدە ئەمەس، بەلكى ئەرشتە پۈتۈكلۈكتۇر.

**23:12** لۇقا 20:10.

كەلدىڭلار. بۇ قان ھابىلنىڭكىدىن ئەۋزەل سۆز قىلىدۇ.
[25]بۇ سۆزنى قىلغۇچىنى رەت قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن دىققەت
قىلىڭلار. چۈنكى يەر يۈزىدە ئۆزلىرىگە ۋەھيي يەتكۈزۈپ
ئاگاھلاندۇرغۇچىنى رەت قىلغانلار جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان
يەردە، ئەرشتە بىزنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدىن يۈز ئۆرۈسەك، ھالىمىز
تېخىمۇ شۇنداق بولمامدۇ؟ [26]ئەمدى شۇ چاغدا خۇدانىڭ ئاۋازى
زېمىننى تەۋرىتىۋەتكەنىدى؛ لېكىن ئەمدى ئۇ: «ئۆزۈم يەنە بىر قېتىم
زېمىننىلا ئەمەس، ئاسماننىمۇ تەۋرىتىمەن» دەپ ۋەدە قىلدى. [27]«يەنە
بىر قېتىم» دېگەن بۇ سۆز تەۋرىتىلىدىغانلارنىڭ، يەنى يارىتىلغان
نەرسىلەرنىڭ تەۋرىتىلىشى بىلەن يوقىتىلىدىغانلىقىنى،
تەۋرەتكىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ مەڭگۈ مۇقىم
بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
[28]شۇنىڭ ئۈچۈن، تەۋرەتكىلى بولمايدىغان بىر پادىشاھلىققا
مۇيەسسەر بولۇپ، مېھىر-شەپقەتنى چىڭ تۇتۇپ بۇ ئارقىلىق
ئىخلاسمەنلىك ۋە ئەيمىنىش-قورقۇنچ بىلەن خۇدانى خۇرسەن

24:12 **«ۋە يېڭى ئەھدىنىڭ ۋاسىتىچىسى ئەيساغا، شۇنداقلا ھەم ئۇنىڭ سېپىلگەن قېنىغا كەلدىڭلار. بۇ قان ھابىلنىڭكىدىن ئەۋزەل سۆز قىلىدۇ»** — ئەيسا مەسىھنىڭ سېپىلگەن قېنى ئىنسانىنىڭ گۇناھلىرىنى تىلەپ ئۇلارنى پاك قىلىدۇ. ھابىلنىڭ قېنى بولسا ئىنتىقام دەپ ھۆركىرەپ يىغلايتتى («يار.» 10:4).

**24:12** يار. 10:4؛ ئىبر. 22:10؛ 4:11؛ 1پېت. 2:1.

25:12 **«...يەر يۈزىدە ئۆزلىرىگە ۋەھيي يەتكۈزۈپ ئاگاھلاندۇرغۇچى»** — مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق سۆزلىگىنىنى كۆرسىتىدۇ.

**25:12** ئىبر. 3:2.

26:12 **«ئەمدى شۇ چاغدا خۇدانىڭ ئاۋازى زېمىننى تەۋرىتىۋەتكەنىدى...»** — «شۇ چاغدا» — خۇدا سىناي تېغىدىن سۆزلىگىنىدە. **«لېكىن ئەمدى ئۇ: «ئۆزۈم يەنە بىر قېتىم زېمىننىلا ئەمەس، ئاسماننىمۇ تەۋرىتىمەن» دەپ ۋەدە قىلدى»** — «ھاگ.» 6:2نى كۆرۈڭ.

**26:12** ھاگ. 5:2.

قىلىدىغان ئىبادەتلەرنى قىلايلى. [29] چۈنكى خۇدايىمىز ھەممىنى
يەۋەتكۈچى بىر ئوتتۇر.

## خۇدانى خۇش قىلىش

13 [1] ئاراڭلاردا قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەت توختىمىسۇن.
[2] ناتونۇش كىشىلەرگە مېھماندوست بولۇشنى ئۇنتۇماڭلار.
چۈنكى بەزىلەر شۇ يول بىلەن بىلمەستىن پەرىشتىلەرنى مېھمان
قىلغان. [3] زىندانغا تاشلانغانلارنى ئۇلار بىلەن بىللە زىنداند
زەنجىرلەنگەندەك ياد ئېتىڭلار. خورلانغانلارنى ئۆزۈڭلارمۇ تەندە
تۇرۇۋاتقان بەندە سۈپىتىدە ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار.
[4] ھەممە ئادەم نىكاھقا ھۆرمەت قىلسۇن، ئەر-خوتۇنلارنىڭ ياتىدىغان
يېرى داغسىز بولسۇن؛ چۈنكى خۇدا بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار

28:12 **«تەۋرەتكىلى بولمايدىغان بىر پادىشاھلىقتا مۇيەسسەر بولۇپ، مېھىر-شەپقەتنى چىڭ تۇتۇپ،...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «تەۋرەتكىلى بولمايدىغان بىر پادىشاھلىقتا مۇيەسسەر بولغىنىمىزدىن مىننەتدار بولۇپ،...».

**28:12** 1پېت. 5:2.

29:12 **«چۈنكى خۇدايىمىز ھەممىنى يەۋەتكۈچى بىر ئوتتۇر»** ــ بۇ سۆزلەر «قان.» 24:4، 3:9دىمۇ تېپىلىدۇ.

**29:12** قان. 24:4.

**1:13** رىم. 10:12؛ ئەف. 3:4؛ 1پېت. 22:1؛ 17:2؛ 8:4.

**2:13** يار. 1:18؛ 1:19؛ رىم. 13:12؛ 1پېت. 9:4.

3:13 **«زىندانغا تاشلانغانلارنى ئۇلار بىلەن بىللە زىنداندا زەنجىرلەنگەندەك ياد ئېتىڭلار»** ــ «زىندانغا تاشلانغانلار» ۋە «خورلانغانلار» ئېتىقادى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. **«خورلانغانلارنى ئۆزۈڭلارمۇ تەندە تۇرۇۋاتقان بەندە سۈپىتىدە ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار»** ــ بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى بەلكىم: (1) ئۆزلىرىڭلار ئاجىزلىقتا ۋە جىسمانىي ئازابلارغا دۇچ كەلگەنلىكىڭلار تۈپەيلىدىن مۇشۇلارنى ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار؛ (2) ياكى ئەيسا مەسىھنىڭ تېنى بولغان جامائەت ئەزاسى سۈپىتىدە، ھېسداشلىق ۋە دەرداشلىق كۆرسىتىڭلار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**3:13** مات. 36:25.

ۋە زىنا قىلغۇچىلاردىن ھېساب ئالىدۇ. [5] مېڭىش-تۇرۇشۇڭلار
پۇلپەرەسلىكتىن خالىي بولسۇن، بارىغا قانائەت قىلىڭلار. چۈنكى
خۇدا مۇنداق دېگەن:
«سەندىن ئەسلا ئايرىلمايمەن،
سېنى ئەسلا تاشلىمايمەن».
[6] شۇڭا، يۈرەكلىك بىلەن ئېيتالايمىزكى،
«پەرۋەردىگار مېنىڭ ياردەمچىمدۇر، ھېچ قورقمايمەن،
كىشىلەر مېنى نېمە قىلالىسۇن؟»
[7] سىلەرگە خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى يەتكۈزگەن، سىلەرنىڭ
يېتەكچىلىرىڭلارنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. ئۇلارنىڭ مېڭىش-
تۇرۇشىنىڭ مېۋە-نەتىجىسىگە كۆڭۈل قويۇپ قاراپ، ئۇلارنىڭ
ئېتىقادىنى ئۈلگە قىلىڭلار: ــ
[8] ئەيسا مەسىھ تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەبەدىلئەبەدگىچە ئۆزگەرمەيدۇ!
[9] شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرخىل غەيرىي تەلىملەر بىلەن ئېزىقتۇرۇلۇپ
كەتمەڭلار؛ چۈنكى ئىنساننىڭ قەلبى قۇربانلىققا خاس
يېمەكلىكلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى

---

4:13 **«ئەر-خوتۇنلارنىڭ ياتىدىغان يېرى داغسىز بولسۇن»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن: «نىكاھ ھەردائىم ھۆرمەتلىك ئىش، ئەر-خوتۇنلۇق ئورۇن داغسىزدۇر» ــ بۇ تەرجىمە توغرا بولسا، ئاساسىي مەنىسى ئەر-خوتۇنلۇق، شۇنداقلا ئەر-خوتۇنلۇق ئارىسىدىكى مۇھەببەتلىك جىنسىي مۇناسىۋەت خۇدا ئالدىدا ياخشى ئىشتۇر.

5:13 **«سەندىن ئەسلا ئايرىلمايمەن، *سېنى ئەسلا تاشلىمايمەن»** ــ تەۋرات، «قان.» 6:31-8.

**5:13** يار. 15:28؛ مىس. 8:23؛ قان. 19:16؛ 6:31، 8؛ يە. 5:1؛ 1تار. 20:28؛ پەند. 16:15؛ فىل. 11:4؛ 1تىم. 6:6، 8.

6:13 **«پەرۋەردىگار مېنىڭ ياردەمچىمدۇر، ھېچ قورقمايمەن، كىشىلەر مېنى نېمە قىلالىسۇن؟»** ــ «زەب.» 1:27، 6:118.

**6:13** زەب. 4:54؛ 4:56؛ 6:118-7

**7:13** ئىبر. 17:13.

8:13 **«ئەيسا مەسىھ تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەبەدىلئەبەدگىچە ئۆزگەرمەيدۇ!»** ــ مۇئەللىپ، بۇ ھەقىقەتنى دەل شۇ يېتەكچى قېرىنداشلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ جەۋھىرى، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن.

بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈلگىنى ئەۋزەل. چۈنكى بۇنداق يېمەكلىكلەرگە
بېرىلىپ كېلىۋاتقانلار ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدا كۆرگەن ئەمەس.
[10] بىزلەرنىڭ شۇنداق بىر قۇربانگاھىمىز باركى، ئىبادەت چېدىرىدا
خىزمەتتە بولغانلارنىڭ ئۇنىڭدىن يېيىش ھوقۇقى يوقتۇر. [11] چۈنكى
گۇناھ تىلەش سۇپىتىدە سويۇلغان، قېنى باش كاھىن تەرىپىدىن
ئەڭ مۇقەددەس جايغا ئېلىپ كىرىلگەن قۇربانلىق ھايۋانلارنىڭ
تېنى بولسا قارارگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىپ كۆيدۈرۈلەتتى.
[12] شۇڭا ئەيسامۇ ئۆز قېنى بىلەن خەلقنى پاكلاپ خۇداغا ئاتاش ئۈچۈن،
شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئازاب چېكىپ ئۆلدى. [13] شۇنداق
ئىكەن، بىزمۇ قارارگاھنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۇنىڭ يېنىغا
بېرىپ، ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھاقارەتكە ئورتاق بەرداشلىق بېرەيلى.

---

**9:13** يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ يۇھ. 27:6؛ رىم. 17:14؛ 17:16؛ ئەف. 14:4؛ 6:5؛ كول. 16:2؛ 2تېس. 2:2؛ 2تىم. 3:4؛ 1يۇھ. 1:4.

10:13 **«بىزلەرنىڭ شۇنداق بىر قۇربانگاھىمىز باركى، ئىبادەت چېدىرىدا خىزمەتتە بولغانلارنىڭ ئۇنىڭدىن يېيىش ھوقۇقى يوقتۇر»** — بۇ «قۇربانگاھ» ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن كرېستنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ «قۇربانگاھدىن يېيىش» بولسا ئۇنىڭ قۇربانلىقىدىن چىققان، مەڭگۈلۈك ھاياتتىكى ھەرتۈرلۈك روھىي مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

11:13 **«چۈنكى گۇناھ تىلەش سۇپىتىدە سويۇلغان، قېنى باش كاھىن تەرىپىدىن ئەڭ مۇقەددەس جايغا ئېلىپ كىرىلگەن قۇربانلىق ھايۋانلارنىڭ تېنى بولسا قارارگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىپ كۆيدۈرۈلەتتى»** — «لاۋ.» 27:16نى كۆرۈڭ.

**11:13** مىس. 14:29؛ لاۋ. 21:4؛ 11:6؛ 27:16؛ چۆل. 3:19؛ يۇ. 41:19

12:13 **«شۇڭا ئەيسامۇ ئۆز قېنى بىلەن خەلقنى پاكلاپ خۇداغا ئاتاش ئۈچۈن، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئازاب چېكىپ ئۆلدى»** — دېمىسەكمۇ، ئەيسا مەسىھ ئۆلتۈرۈلگەن جاي (گولگوتا) يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنىڭ سىرتىدا ئىدى. مەسىھنىڭ بۇ «سىرتقا چىقىرىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشى» كېيىنكى ئەگەشكەنلەرگە سىمۋول بولغان بولۇپ، خۇدانىڭ خەلقى مەسىھنىڭ ھەمراھلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن «شەھەرنىڭ سىرتىدا»، يەنى ئۆز يۇرتى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشىغا تەييار تۇرۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىھكە ئەگەشكەن يەھۇدىي خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. 13-ئايەتتىكى ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

**12:13** يۇھ. 18:19، 17.

13:13 **«شۇنداق ئىكەن، بىزمۇ قارارگاھنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ...»**

[14] چۈنكى يەر يۈزىدە مەڭگۈ مەۋجۇت تۇرىدىغان شەھىرىمىز يوق، بەلكى
كەلگۈسىدىكى شەھەرگە ئىنتىلمەكتىمىز. [15] شۇڭا، مەسىھ ئارقىلىق
خۇداغا قۇربانلىق سۈپىتىدە مەدھىيىلىرىمىزنى توختاۋسىز ئاتايلى،
يەنى ئۆز لەۋلىرىمىزنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ نامىنى ئېتىراپ
قىلايلى. [16] ئەمدى خەير-ساخاۋەت قىلىشنى ۋە بارىڭلاردىن ئورتاق
تەقسىملەشنى ئۇنتۇماڭلار. چۈنكى خۇدا بۇنداق قۇربانلىقلاردىن
خۇرسەن بولىدۇ.
[17] يېتەكچىلىرىڭلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇلارغا بويسۇنۇڭلار. چۈنكى
ئۇلار ئۆز خىزمىتىدىن خۇداغا ھېساب بېرىدىغانلار بولۇپ، ھەمىشە
جېنىڭلاردىن خەۋەر ئېلىشقا ئويغاق تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى
قايغۇ-ئەلەم بىلەن ئەمەس (چۈنكى ئۇنداق بولسا سىلەرگە ھېچ پايدا
يەتكۈزۈلمەيدۇ) بەلكى خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئېلىپ بېرىلسۇن.

---

— «قارارگاھنىڭ سىرتىغا چىقىش» مەسىھكە ئەگەشكەن يەھۇدىي خەلقىگە نىسبەتەن ئىبادەتخانىدىكى قۇربانلىقلاردىن، شۇنداقلا ئۇلارغا باغلىق ئەقىدىلىرىدىن ۋاز كېچىش بەكمۇ ھاقارەتلىك ئىش ئىدى. خۇددى ئەيسا مەسىھ يېرۇسالېم شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا مىخلانغاندا ھاقارەتكە قارىمىغانغا ئوخشاش، خەتنى ئوقۇۋاتقان يەھۇدىي كىتابخانلارمۇ كونا ئەقىدىلىرىدىن ۋاز كېچىشكە ۋە ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن ئۇچرايدىغان ھاقارەتكە قارىماي، ئەيسا مەسىھكە يۈزلىنىشى كېرەك ئىدى. **«... ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھاقارەتكە ئورتاق بەرداشلىق بېرەيلى»** — ئەيسا مەسىھكە قارىتىلغان قارشىلىق ھەم ھاقارەتلەر بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغانلارغا قارىتىلىپ كەلمەكتە. قاراڭغۇلۇق بەرىبىر نۇرغا قارشى تۇرىدۇ، شۇڭا خۇدانىڭ خەلقى ھامان بىر تەرەپتىن بولمىسا باشقا بىر تەرەپتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ.

**14:13** فىل. 20:3.

15:13 **«...ئۆز لەۋلىرىمىزنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ نامىنى ئېتىراپ قىلايلى»** — «ئۇنىڭ نامى» مۇشۇ يەردە مەسىھنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ.

**15:13** ھوش. 3:14.

**16:13** فىل. 18:4.

17:13 **«ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى قايغۇ-ئەلەم بىلەن ئەمەس ... بەلكى خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئېلىپ بېرىلسۇن»** — «ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى»: (1) يېتەكچىلەرنىڭ خەۋەر ئېلىش خىزمىتى، ياكى: (2) خۇداغا ھېساب تاپشۇرۇش، ياكى: (3) بۇ ئىككىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە ئۇ ھېساب تاپشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**17:13** ئەز. 3:18؛ 33:8؛ فىل. 2:29؛ 1تېس. 5:12؛ 1تىم. 5:17.

[18] بىز ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار؛ چۈنكى ۋىجدانىمىزنىڭ
پاك ئىكەنلىكىگە، ھەربىر ئىشلاردا توغرا يولدا مېڭىشنى
خالايدىغانلىقىمىزغا قايىل قىلىندۇق. [19] يېنىڭلارغا پاتراق قايتىپ
بېرىشىم ئۈچۈن، دۇئا قىلىشىڭلارنى ئالاھىدە ئۆتۈنىمەن.

## دۇئا

[20] ئەمدى مەڭگۈلۈك ئەھدىنىڭ قېنى بىلەن قوي پادىسىنىڭ كاتتا
پادىچىسى بولغان رەببىمىز ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى،
خاتىرجەملىكنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدا [21] ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق
سىلەرگە ئۆزىنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلدۇرۇپ،
سىلەرنى ھەربىر ياخشى ئەمەلدە تاكامۇللاشتۇرۇپ ئىرادىسىنىڭ
ئىجراچىلىرى قىلغاي! مەسىھكە ئەبەدىلئەبەدگىچە شان-شەرەپ
بولغاي! ئامىن!

19:13 **«يېنىڭلارغا پاتراق قايتىپ بېرىشىم ئۈچۈن، دۇئا قىلىشىڭلارنى ئالاھىدە ئۆتۈنىمەن»** ــ «مېنىڭ قايتىپ بېرىشىم ئۈچۈن» دېگەنلىك بەلكىم مۇئەللىپنىڭ تۈرمىدىن ئازاد قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

20:13 **«مەڭگۈلۈك ئەھدىنىڭ قېنى بىلەن قوي پادىسىنىڭ كاتتا پادىچىسى بولغان رەببىمىز ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى»** ــ «مەڭگۈلۈك ئەھدە» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

—«خاتىرجەملىكنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدا» گرېك تىلىدا: «خاتىرجەملىكنىڭ خۇداسى» ــ دېمەك، خاتىرجەملىك بەرگۈچى ھەم ئۆزى ھەردائىم خاتىرجەملىكتە تۇرغۇچى خۇدادۇر.

**20:13** يەش. 11:40؛ ئەز. 23:34؛ يـۇھ. 11:10؛ 1پېت. 4:5.

21:13 **«خۇدا ... ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق سىلەرگە ئۆزىنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلدۇرۇپ، سىلەرنى ھەربىر ياخشى ئەمەلدە تاكامۇللاشتۇرۇپ ئىرادىسىنىڭ ئىجراچىلىرى قىلغاي!»** ــ «تاكامۇللاشتۇرۇش»نىڭ باشقا تەرجىمىسى: «ئەتراپلىق تەمىنلەش».

**21:13** 2كور. 5:3؛ فىل. 13:2.

## ئاخىرقى سۆز

22 سىلەردىن ئۆتۈنىمەنكى، ئى قېرىنداشلىرىم، بۇ نەسىھەت سۆزۈمگە ئېغىر كۆرمەي قۇلاق سالغايسىلەر؛ سىلەرگە مۇشۇنچىلىكلا سۆزلەرنى يازدىم، خالاس.
23 قېرىندىشىمىز تىموتىيىنىڭ زىنداندىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولغايسىلەر. يېقىندا يېنىمغا كېلىپ قالسا، مەن سىلەرنى يوقلاپ بارغىنىمدا ئۇ مەن بىلەن بىللە بارىدۇ.
24 بارلىق يېتەكچىلىرىڭلار ۋە بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرگە سالام ئېيتقايسىلەر. ئىتالىيەدىن كەلگەنلەر سىلەرگە سالام يوللىدى. 25 مېھىر-شەپقەت ھەممىڭلارغا يار بولغاي! ئامىن!
روسۇل ياقۇپ يازغان مەكتۇپ

# قوشۇمچە سۆز

## مەزمۇننى قايتىدىن يەكۈنلەش

ئەمدى مۇئەللىپ مۇشۇ تەۋرىتنى قالغان ئىبرانىيلارغا قانداق گەپ قىلىدۇ؟ ئۇلارغا قانداق مەدەت بېرىدۇ؟ ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىمى بولغان خۇدانىڭ سۆزى بىلەن، بولۇپمۇ تەۋراتتا مەسىھنىڭ كېلىشى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرۇلۇق خاتىرىلەنگەن بېشارەتلەر بىلەن باشلايدۇ. ھەربىر يەھۇدىي يۇقىرا ئۈچۈن (شۇ دەۋردە) تەۋرات، جۈملىدىن زەبۇر تولىمۇ نوپۇزلۇق ئىدى؛ خۇدانىڭ بىزگە تاپشۇرغان سۆزى دەل مۇشۇ دەپ قارىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: —

(ئا) تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن بېشارەتلەردىن ۋە (ئە) ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرى، تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن يەھۇدىي ئېتىقادچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن دەلىل ئېلىپ مۇشۇ ئىشلارنى ئىسپاتلايدۇ: —

(1) مەسىھ پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن (1-2-باب)

(2) ئۇ مۇسا ۋە يەشۇئا پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن (3-13:4)

(3) ئۇنىڭ كاھىنلىقى لاۋىيلارغا تاپشۇرۇلغان كاھىنلىقتىن ئۈستۈن (14:4-28:7)

(4) ئۇ ۋاستىچى بولغان يېڭى ئەھدە مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق تۈزۈلگەن ئەھدىدىن چەكسىز ئۈستۈن تۇرىدۇ (8-9-باب)

(5) تەۋرات دەۋرىدىكى بارلىق قۇربانلىقلار مەسىھنىڭ ئاخىرقى قۇربانلىقىنى ئالدىنئالا كۆرسىتىدىغان «بېشارەتلىك كۆلەڭگە» سۈپىتىدە بولغان؛ مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئادەملەرنى گۇناھلارنىڭ تولۇق كەچۈرۈمگە ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرىدۇ.

(6) بۇلاردىن ئەڭ مۇھىمى، مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى، شۇنداقلا خۇدالىق تەبىئىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن (خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى ئەزەلدىن خۇدا بىلەن تەڭ مەۋجۇت ئىدى)، ئىنسانلار ئۇنىڭغا خۇددى خۇدانىڭ ئۆزىگە سۆز قىلغاندەك سۆز قىلىشى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىشى كېرەك (مەسىلەن، 1:1-14، 1:7-3، 8:13نى كۆرۈڭ).

## 10:2 قانداق يول بىلەن بىر ئىشنى «خۇداغا لايىق كەلدى» دەپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ؟

«چۈنكى پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئۆزى ئۈچۈنمۇ ھەم ئۆزى ئارقىلىقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خۇداغا نىسبەتەن، نۇرغۇن ئوغۇللارنى شان-شەرەپكە باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ نىجاتىنىڭ يول باشلىغۇچىسىنى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزۈشكە لايىق كەلدى»

بۇ جۈملە پەقەت «خۇدا ئۆزى «لايىق كۆرگەندەك» مەلۇم بىر يول بىلەن ئىش كۆرگەن» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئازاب-ئوقۇبەتنى تارتىشلىرى ئارقىلىق بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەسىھنى ئەۋەتكىنى «ئۇنىڭغا لايىق ئىدى» دېگەنلىكتۇر. بۇ ئايەتتە يەنە بىر چوڭ سوئال بار: — «مەسىھ (مۇكەممەللىك ئۇنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر!) قانداق يول بىلەن «كامالەتكە يەتكۈزۈلىدۇ»؟!

بىرىنچى نۇقتىدا، بۇنىڭ ئىچىدىكى مەنە، خۇدا ئۆزىنىڭ بۇ ئازاد قىلىش ئەمەلى ئارقىلىق ئالەم ئالدىدا ئەسلىدىكى ئەخلاقىي شەرەپتىن تېخىمۇ ئۇلۇغ شەرەپكە ئىگە بولدى، دېگەنلىك. بىز ئۇنىڭ شەرىپىنى مەسىھنىڭ ئۆزىدە، بولۇپمۇ ھەممىدىن روشەن بولغان ئۇنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمى ئارقىلىق ئايان قىلىنغان مۇھەببىتىنىڭ نامايەندىسى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈلگەن، دېسەك بولامدۇ؟

ئىككىنچى نۇقتىغا كەلسەك، مەسىھ بوۋاق بولۇپ تۇغۇلغان كۈنىدە ئەخلاق جەھەتتە مۇكەممەل ۋە پۈتۈنلەي گۇناھسىز بولغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ تارتقان بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرى نۇقتىسىدىن مۇنداق دېسەك بولىدۇ: —

(ئا) ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە كاھىن بولۇشقا ھەقىقىي چۈشەنچىگە ئىگە بولغان (7:5-9نى كۆرۈڭ). بىز كۆپ ئەھۋاللاردا ئىنسانلار ئۇچرىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە بالايىئاپەتلەرنى، شۇنداقلا نىمىشقا خۇدانىڭ مەلۇم ئىشلارنىڭ بېشىمىزغا چۈشۈشىگە يول قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. لېكىن مەسىھنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن بىز يەنە شۇنى ئېيتالايمىزكى، بۇنداق ئىشلارنى خۇدانىڭ ئوغلى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، خۇددى خۇدا بۇ ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەندەك دەرد-ئەلەملىرىمىزنى پۈتۈنلەي چۈشىنىدۇ.

(ئە) مەسىھنىڭ گولگوتادا خۇدا-ئاتىسىغا قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنغان ساپ-غۇبارسىز ئەخلاقى بولسا پۈتۈنلەي سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن ساپ-غۇبارسىزلىقى ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا بىز (ياكى پەرىشتىلەر، ئاسماندىكى ھوقۇق-كۈچلەرمۇ) ئۇنىڭ تولۇق گۇناھسىزلىقىنى قانداقمۇ بىلەلەيتتۇق؟

(ب) ئۇ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق جامائەت روھتا «نىكاھلانغان قىز سۈپىتىدە» ئۇزىگە باغلانغانىدى. بۇنداق «مۇكەممەللىك» ئادەمئاتىمىزنىڭ «مۇكەممەللەشتۈرۈلگەنلىكى» ياكى «تولۇقلانغانلىقى»دەك بولغان، دېگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئادەمئاتىمىز «كەم-كۈتىسىز» يارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق خۇدا ئۇ توغرۇلۇق: «ئادەمنىڭ يالغۇز تۇرۇشى ياخشى ئەمەس، مەن ئۇنىڭغا لايىق بىر ھەمراھ-ياردەمچى يارىتىمەن» دېدى («يار.» 18:2). ئاندىن ھاۋا ئانىمىز ئۇنىڭ بىقىندىن ئېلىنىپ ئۇنىڭغا قوشۇلغانىدى. ئۇلار ئىككىلىسى شۇ چاغدا خۇدانىڭ «تېخىمۇ مۇكەممەل» ئوبراز-سۈرىتى بولغانىدى. مەسىھ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يولدا، خۇدا تەرىپىدىن جامائەتنىڭ ئۇزىگە باغلاندۇرۇلۇشى بىلەن «مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن» ياكى «تولۇقلاندۇرۇلغان» («ئەف.» 5:22-33نىمۇ كۆرۈڭ).

## 7:3-13:4 «خۇدانىڭ ئاراملىقى» ۋە «شابات كۈنى» بەزى نېگىزلىك سۆزلەر

خۇدا ئىسرائىلنى مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇش بىلەن بىرگە ئۇلارغا ھەممىدىن ئاۋۋال تاپشۇرغان بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرى «شابات كۈنى» ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە «شەنبە كۈنى» بولۇپ، ھەپتىنىڭ يەتتىنچى كۈنى ئىدى (ئىبرانىي تىلىدا «شابات»نىڭ بىرىنچى مەنىسى «توختاش» بولۇپ، ئۇ يەنە «يەتتە» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك). بۇ كۈندە ئىسرائىللارنىڭ دەم ئېلىشى ئۇلارغا خۇدانىڭ ئۇلارنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلغانلىقىنى ئەسلىتەتتى. ئادەتتە قۇل ئۈچۈن ھېچقانداق «دەم ئېلىش كۈنى» بولمايدۇ؛ قۇلنىڭ ھاياتى ھەر كۈننىڭ يىگىرمە تۆت سائىتىدە خوجايىنىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىگىسى قاچانلا، نېمە بۇيرۇسا، دەرھال ئەمەل قىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئەمدى ھازىر ئىسرائىللاردا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى: —

«يەتتىنچى كۈنى پەرۋەردىگار خۇدايىڭغا ئاتالغان شابات كۈندۇر؛ سەن شۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش قىلمايسەن؛ مەيلى سەن ياكى ئوغلۇڭ بولسۇن، مەيلى قىزىڭ، مەيلى قۇلۇڭ، مەيلى دېدىكىڭ، مەيلى بۇقاڭ، مەيلى ئېشىكىڭ، مەيلى ھەرقانداق باشقا ئۇلىغىڭ، ياكى سەن بىلەن بىر يەردە تۇرۇۋاتقان مۇساپىر بولسۇن، ھېچقانداق ئىش قىلمىسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن قۇلۇڭ ۋە دېدىكىڭ سەندەك ئارام ئالالايدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىدە مىسىر زېمىنىدا قۇل بولغانلىقىڭنى، پەرۋەردىگار خۇدايىڭ كۈچلۈك قولى ۋە ئۇزاتقان بىلىكى بىلەن سېنى شۇ يەردىن چىقارغانلىقىنى ئېسىڭدە تۇت؛ شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا شابات كۈنىنى تۇتۇشنى ئەمر قىلغان» (تەۋرات، «قان.» 5:14-15).

شابات كۈنى ئۇلارنىڭ ھازىر خۇدانىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن قۇل ئەمەس، بەلكى ئازاد ئادەملەر ئىكەنلىكىگە ئەسلەتمە ئىدى.

خۇدانىڭ شۇ قانۇنلىرى ئاستىدا بارلىق ئادەملەر، جۈملىدىن قۇللارمۇ دەم ئېلىش كۈنىدىن بەھرىمەن بولغانلىقى قىزىق ئىش ئەمەسمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا بويىچە «يەتتە كۈنلۈك ھەپتە» ھەممە مەدەنىيەتتىن دېگۈدەك ئورۇن ئالغان، كۆپىنچە ئادەملەر (قايسى ئېتىقادتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ھەر ھەپتە بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ كۆپ ئەللەرنىڭ تەۋرات-ئىنجىلنى ئوقۇپ شۇلاردىن خۇدانىڭ ئىنساننىڭ ئامان-ئېسەنلىكى ۋە سالامەتلىكىنى قوغدايدىغان تاپشۇرۇقلىرىدا بولغان دانالىقىنى چۈشىنىشىدىن كەلگەن ۋاستىلىك نەتىجىسىدۇر.

رەببىمىز ئەيسا: «ئىنسان شابات كۈنى ئۈچۈن ئەمەس، شابات كۈنى ئىنسان ئۈچۈن بېكىتىلگەن» — دېدى («مار.» 2:27). ئىنسانلارنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئارام ئېلىشى زۆرۈر قىلىپ شەكىللەندۈرۈلگەن. كىشىلەر قۇللاردەك ھەپتىدە يەتتە كۈن ئىشلەۋەرسە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى شۇ دەرىجىدە بۇزۇلىدۇكى، داۋاملىق ئىشلىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. خۇدانىڭ سۆزىدىن شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مەسىھكە باغلىغان ئېتىقادچىلارنىڭ ھەربىرى ئۆز سالامەتلىكىنى كۆزلەپ قەرەللىك دەم ئېلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى نىشان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆپىنچى ئادەملەرنىڭ ھەپتىدە بىر كۈن ئىش-خىزمىتىدىن توختاش ئىمكانىيىتى بولۇشى مۇمكىن. بىراق ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى بولۇشى مۇھىم ئەمەس.

ھەممىمىز يەھۇدىي خەلقىگە ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ بۇ دانالىقىنى تەۋراتتا ساقلاپ قالغانلىقى (بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلارغا بەكمۇ قوللايىسىز بولسىمۇ)، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنياغا مەنپەئەت يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن مىننەتدار بولۇشىمىز لازىم.

بىراق «خۇدانىڭ ئاراملىقى» ۋە «شابات كۈنى» دېگەن بۇ ئىشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر ئەھمىيىتى بار.

ئىسرائىللار خۇدا تەرىپىدىن مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇلۇپ، چۆل-باياۋاندىن سەرگەردان بولۇپ كېزىپ ئۆتۈۋاتقىنىدا ئۇ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇلارغا كەلگۈسىدىكى «ئاراملىق» توغرىسىدا سۆزلىگەن. مەسىلەن، «قان.» 9:12-10: —

«پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە بېرىدىغان ئاراملىق ھەم مىراسقا تېخى يېتىپ كەلمىدىڭلار. بىراق سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار سىلەرگە مىراس قىلىپ بېرىدىغان زېمىنغا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، شۇنداقلا ئۇ سىلەرنى ئەتراپىڭلاردىكى بارلىق دۈشمەنلىرىڭلاردىن قۇتقۇزۇپ ئارام بەرگەندىن كېيىن، سىلەر ئامان-ئېسەن تۇرغاندا،...» دېگەندەك.

شۈبھىسىزكى، خالايىق مۇشۇ سۆزنى ئاڭلاپلا «ئاراملىق» بەلكىم «سەرگەردان بولۇشىمىز ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ دەرھال ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مۇسا پەيغەمبەر ئۆلگەندىن كېيىن يەشۇئا پەيغەمبەر ئۇلارغا باشلامچى بولۇش رولىنى زىممىسىگە ئېلىپ ئۇلارنى خۇدا ۋەدە قىلغان «قانائان» زېمىنغا يېتەكلەپ بېرىپ، شۇ يەردىكى بۇتپەرەس ئەل-يۇرتلارنى ھەيدىۋەتتى. ئۇمۇ ئۇلارغا خۇدا ئاراملىق بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالدى. مەسىلەن، تەۋرات «يەشۇئا» قىسمىدا: «پەرۋەردىگار ئىسرائىلغا ئەتراپىتىكى بارلىق دۈشمەنلىرىدىن ئاراملىق بېرىپ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن...» — دەپ خاتىرىلەنگەن (1:23).

بۇ سۆز تۆت يۈز يىلدىن كېيىن سۇلايمان پادىشاھ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرىپىدىن قايتىلانغان: —

«ۋەدە قىلغىنىدەك ئىسرائىلغا ئاراملىق ئاتا قىلغان پەرۋەردىگار مۇبارەكلەنسۇن؛ ئۇز قۇلى مۇسا ئارقىلىق قىلغان گۈزەل ۋەدىلىرىدىكى بىر سۆزمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي قالمىدى» («1پاد.» 56:8).

ئەمدى هازىر مۇلاھىزىمىزنى داۋام قىلايلى: —

## «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت»تىكى «شابات كۈنى» ۋە «خۇدانىڭ ئاراملىقى» توغرۇلۇق تەلىم (3-4-باب)

مۇئەللىپ بىرنەچچە مۇھىم نۇقتىنى ئايان قىلىشقا تىرىشىدۇ: —

(1) خۇدا زەبۇردىكى 95-كۈيدە داۋۇت پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۆز خەلقىگە «ئاۋازىمنى ئاڭلىغايسىلەر» ۋە شۇنداق قىلىپ «ئاراملىقىمغا كىرسەڭلار ئىدى» دەپ مۇراجىئەت قىلغان.

(2) بۇ سۆز ئىسرائىللار چۆل-باياۋاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە كۆڭلىدە «ئاراملىق»نى ئويلىغىنىدىن تۆت يۈز يىل كېيىن ئۇلارغا ئېيتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبرانىي ئېتىقادچىلارغا بۇ خەتنى يازغان مۇئەللىپ رەددىيە بەرگۈسىز مەنتىق بىلەن كۆرسەتكەندەك: «ئەگەر يەشۇئا پەيغەمبەر ئىسرائىللارنى ئاراملىققا كىرگۈزگەن بولسا ئىدى، خۇدا كېيىن يەنە بىر ئاراملىق كۈنى توغرۇلۇق دېمىگەن بولاتتى».

ئەمدى ئىسرائىللار ھەتتا داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىمۇ بۇ «ئاراملىق»قا كىرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ نېمە مەنىسى بار بولىدۇ؟ ئۇ «دۈشمەنلىرىڭلاردىن ئارام ئېلىش» دېگەندىن زىيادە ئارتۇق ئىشنى كۆرسەتكەن ۋە كۆرستىدىغان بولسا كېرەك.

(3) «ئىبرانىيلارغا»دا مۇئەللىپ دىققىتىمىزنى خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىش جەريانىغا ۋە «يەتتىنچى (شابات) كۈنى»گە قارىتىپ «خۇدانىڭ ئاراملىق» دېگىنىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ (4:4). خۇدانىڭ ئالەمنى ياراتقاندىن كېيىن «ئارام ئېلىشى» چارچاپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىنمۇ؟ ئەمدى «خۇدا ئارام ئالدى» دېگەن زادى قانداق ئىش؟ ئۇ ئۆزى ھەممە نەرسىنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغانلىرىدىن «راھەتلىنىپ» ھۇزۇر ئېلىشنى كۆرسەتمەمدۇ؟ تەۋرات «يارىتىلىش» دېگەن قىسمىنى ئوقۇغانسىرى، مەسىلەن، 1:4، 10، 18، 21، 25 ۋە بولۇپمۇ 31دە دەل بۇنداق ئىش پۈرىتىلىدۇ: — «خۇدا ھەممە ياراتقىنىغا قاراپ تۇردى، مانا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ياخشى ئىدى». ئىنسان «خۇدانىڭ ئوبرازى بويىچە يارىتىلغان» بولۇپ، بىرەر ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر

ئېلىپ ئوخشاشلا «ئارام ئالالمىدۇ»؟ بۇنىڭغا يەنە ئىسپات بولۇپ «مىس.» 17:31نىمۇ كۆرۈڭ: «چۈنكى پەرۋەردىگار ئالتە كۈن ئىچىدە ئاسمان بىلەن زېمىننى يارىتىپ، يەتتىنچى كۈنىدە ئارام ئېلىپ راھەت تاپقانىدى».

«خۇدانىڭ ئاراملىقى» ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتە «چارچىغىنى»دىن ئەسلىگە كېلىشى ئەمەس، بەلكى ئىبرانىي تىلىدىكى «شابات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھوزۇرلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. «شابات»نىڭ بىرىنچى مەنىسى «توختاش»، ئۇنىڭ «ئارام» دېگەن مەنىسىمۇ بار (ئىبرانىي تىلدا «ئارام» دېگەن سۆز «نۇخام» بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ. بۇ سۆزدىن «نۇھ» دېگەن ئىسىم چىقىدۇ («يار.» 29:5نى كۆرۈڭ).

(4) «ئىبر.» 10:4دە مۇقەددەس روھ بىزگە «خۇدانىڭ ئاراملىقى»، شۇنداقلا ھەقىقىي ئاراملىق توغرىسىدا تەبىر بېرىپ مەنىسىنى مۇنداق روشەن قىلىدۇ: —

«خۇدانىڭ ئاراملىقىغا كىرگۈچىلەر خۇددى خۇدا «ئۆز ئەمەل-ئىشلىرىدىن ئارام ئالغان»دەك، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ئارام ئالىدۇ».

ئەمدى «خۇدانىڭ ئاراملىقىغا كىرىش» تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: —

(1) ئۆز ئەمەللىرىمىزدىن توختاش؛ 1:6دىن بىز ئۇنىڭسىز بارلىق ئەمەللىرىمىزنىڭ «ئۆلۈك ئەمەللەر» ياكى «ئۆلۈك ئىشلار» بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىمىز.

(2) بارلىق يوللىرىمىز، ئويلىرىمىز، ھاياتىمىزنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرۇشىمىز لازىم؛ ئۇ چاغدا ئۇ بىزدە ئىشلەشكە باشلايدۇ. بىز بولساق بىزنىڭ ئۆز ئەجرىمىزدىن ئەمەس، بەلكى (ئادەمئاتىمىز مەۋجۇت بولغان بىرىنچى كۈنىدە بولغاندەك) خۇدانىڭ ئەجرىدىن ھوزۇرلىنىشقا باشلايمىز. لېكىن بىز ھوزۇرلىنىدىغان «خۇدانىڭ ئەجرى» ھازىر ئۇنىڭ ئالەمنى يارىتىش ئەجرىدىن كۆپ ئاشقاندۇر. چۈنكى خۇدانىڭ پۈتكۈل ئالەمنى يارىتىشى پەقەت سۆزى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن ھازىر بىز ئۈچۈن «يېڭى يارىتىلغۇچى» باردۇر. ئۇ بولسا مەسىھنىڭ كرېستلەنگەندە ئازاب تارتىشىدىن بولغان شەرەپلىك نەتىجە-ئەجرىدۇر. ئۇنىڭ شۇ يەردە توۋلاپ «تامام بولدى!» دېگەن جاكار سۆزىگە قاراڭ («يۇھ.» 30:19). بەرھەق، قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئۆزىگىز مەسىھنىڭ ئەجىر-غەلىبىسىدىن ھوزۇرلىنىش ئاراملىقىغا كىرەلەيسىز؛ سىزمۇ روسۇل پاۋلۇس بىلەن: «مەن مەسىھ بىلەن بىللە

كرىستلەنگەنمەن، لېكىن مانا، ياشاۋاتىمەن! لېكىن ياشاۋاتقىنى مەن ئەمەس، بەلكى مەندە تۇرۇۋاتقان مەسىھدۇر. ۋە مېنىڭ ھازىر ئەتلىرىمدە ياشاۋاتقان ھايات بولسا، مېنى سۆيگەن ۋە مەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ ئىمان-ئىشەنچىدىندۇر» — ئۇ ئۆزى ھازىر مەندە ئىش كۆرىدۇ» دېگۈچى بولىسىز («گال.» 20:2). شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇئەللىپ مۇشۇ يەردە «شابات كۈنىدىكى بىر ئاراملىق خۇدانىڭ خەلقىنى كۈتمەكتە» دەپ ئېلان قىلىدۇ.

«كول.» 17:2دە روسۇل پاۋلۇس تەۋراتتىكى بارلىق بەلگىلىمىلەرنى، جۈملىدىن «شابات كۈنى» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى مەسىھدە كەلگۈسىدە بولىدىغان رېئاللىقنىڭ «بېشارەتلىك كۆلەڭگە»سى دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ سۆز ئىنتايىن ھەيران قالارلىق بايان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭمىز كېرەك؛ چۈنكى بۇ پاۋلۇسنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ سۆزىدۇر. دېمەك، مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق «شابات كۈنى» بېكىتىلگەندىن بۇيان (بۇنىڭدىن 3500 يىللار بۇرۇن) پۈتكۈل يەھۇدىي خەلقى ھازىرقى زاماندىكى بىزلەرنى دەپ شۇ كۈندە (ھەر شەنبە كۈندە) قولايلىق بولسۇن قولايسىز بولسۇن ئارام ئېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەنىدى؛ خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ ئارامغا بولغان مەقسىتى، «مەسىھدە بولغان ئاراملىق»نى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بىز يەنە يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىلغا شابات كۈنى توغرۇلۇق ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئوقۇساق بەلكىم شابات كۈنىنىڭ ئىسرائىلغا نىسبەتەن بولغان ئەھمىيىتى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئۇقۇمغا ئېرىشەلەيمىز: —

«ئەگەر سەن «شابات» (ئارام ئېلىش) كۈنىدە قەدەملىرىڭنى ساناپ ماڭساڭ،

يەنى مېنىڭ مۇقەددەس كۈنۈمدە ئۆزۈڭنىڭكى كۆڭلۈڭدىكىلەرنى قىلماي،

شاباتنى «خۇشاللىق»،

پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس كۈنىنى «ھۆرمەتلىك» كۈن دەپ بىلسەڭ،

ھەم ئۇنى ھۆرمەتلەپ،

ئۆز يوللىرىڭدا ماڭماي،

ئۆز بىلگىنىڭنى ئىزدىمەي،

قۇرۇق پاراڭ سالمىساڭ،

ئۇنداقتا سەن پەرۋەردىگارنى كۆڭلۈڭنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىسەن،
ھەم مەن سېنى زېمىندىكى يۇقىرى جايلارغا مىنگۈزۈپ ماڭدۇرىمەن؛
ئاتاڭ ياقۇپنىڭ مىراسى بىلەن سېنى ئوزۇقلاندۇرىمەن» —
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق سۆز قىلدى» («يەش.»
(14-13:58

مۇشۇ سۆزنى روھىي جەھەتتىن مەسىھدە بولغان نىجاتىمىزغا تەتبىقلىساق شۇنداق دېگىلى بولىدۇكى، مەسىھ بىزنىڭ ھاياتىمىز بولسىلا، مەيلى بىز جىسمانىي جەھەتتە ئەمگەك قىلايلى، ئىنتايىن ئالدىراش بولايلى ياكى پېڭىلىنايلى ئېتىقادچى كىشى ئۈچۈن «ھەر كۈنى شابات كۈنى بولىدۇ!». دېمەك، سىرتتىن قارىغاندا ئالدىراش بولساقمۇ ئىچكى دۇنيايىمىزدا بىز ئۇنىڭ ئالاقە-ھەمراھلىقىدا بولغاچ ھەر كۈنى ئاراملىقتا تۇرماقتىمىز. چۈنكى «ئىش كۆرگۈچى ۋە ياشىغۇچى ئۇدۇر، مەن ئەمەس» («گال.» 20:2). ماڭا نىسبەتەن بۈگۈن «بىر شابات كۈنى» بولسا ئەمدى خۇدا مېنىڭ توغرامدا يەشايا پەيغەمبەرنىڭ سۆزى بىلەن: «سەن دەرۋەقە ئۆز يولۇڭدا ماڭمايۋاتىسەن، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىلمايۋاتىسەن، قۇرۇق پاراڭ سالمايۋاتىسەن (دېمەك، دەرۋەقە مېنىڭ يولۇمدا مېڭىۋاتىسەن)» — دېگۈچى بولىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇنداق ۋەدە قىلىدۇ: —

«سەن پەرۋەردىگارنى كۆڭلۈڭنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىسەن،
ھەم مەن سېنى زېمىندىكى يۇقىرى جايلارغا مىنگۈزۈپ ماڭدۇرىمەن؛
ھەم ئاتاڭ ياقۇپنىڭ مىراسى بىلەن سېنى ئوزۇقلاندۇرىمەن. پەرۋەردىگار
شۇنداق دېگەن!» («يەشايا» 14:58).
بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ مىراس-ھە!

## ئەمدى ئېتىقادچىلار «شابات كۈنى» (شەنبە كۈنى) (ياكى ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان بولسا يەكشەنبە كۈنى)نى «دەم ئېلىش» سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەكمۇ؟

ئەگەر بۇ سوئالنى قويساق، بىزنىڭ مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان ئۇلۇغ ئىشىنى، شۇنداقلا «ئىبرانىيلارغا»نىڭ مۇئەللىپىنىڭ ئۇنىڭ توغرۇلۇق بولغان تەلىملىرىنى تېخى چۈشەنمىگەنلىكىمىزگە ئىسپات بېرىدۇ. روسۇل پاۋلۇسنىڭ بۇ تېمىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى

«كول.» 2:16ـ17دىن نەقىل كەلتۈرەيلى: —

«ئەمدى ھېچكىمنىڭ يېمەك-ئىچمەك، ھېيت-بايراملار، «يېڭى ئاي» ياكى شابات كۈنلەر جەھەتلىرىدە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ھۆكۈم چىقىرىشىغا يول قويماڭلار؛ بۇ ئىشلار بولسا بىر كۆلەڭگە، خالاس؛ ئۇنىڭ جىسمى بولسا مەسىھنىڭكىدۇر!»

شابات كۈنى (شۇنداقلا خۇدا ئىسرائىلغا بېكىتكەن كالېنداردىكى باشقا بارلىق ئالاھىدە ئىبادەت ھېيتلىرىمۇ) بىزگە بىر «كۆلەڭگە»دۇر؛ لېكىن مۇشۇ كۈنلەرنىڭ «جىسمى» بولغان مەسىھ بىزدە بولغانىكەن، ئېتىقادچىلارنىڭ شابات (شەنبە) كۈنىنىلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر كۈننى ئالاھىدە تۇتۇشى كېرەك ئەمەس. بۇ پرىنسىپ يەكشەنبە كۈنى (بەزى ئېتىقادچىلار «يەكشەنبە كۈنى شابات كۈنىنىڭ ئورنىغا قويۇلغان» دەپ تەلىم بېرىدۇ)، «روژدېستۋا» («ميلاد ھېيتى»)، «پاسخا ھېيتى» ۋە بارلىق «مەسىھىي ھېيتلار»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھېچكىمنىڭ ھېيت-بايراملار، «يېڭى ئاي» ياكى شابات كۈنلەر جەھەتلىرىدە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ھۆكۈم چىقىرىشىغا يول قويماڭلار» — دېمەك، ھېچكىمنىڭ مەسىلەن، «سەن شەنبە كۈنىنى «دەم ئېلىش كۈنى» سۈپىتىدە تۇتۇشۇڭ كېرەك» ياكى «سەن بىز بىلەن بىللە روژدېستۋا بايرىمى تەبرىكلىمىسەڭ بولمايدۇ» دېگەندەك سۆزلىرىگە يول قويماسلىقىمىز لازىم. بۇنداق سۆزنى قىلغانلىق مەسىھدە بولغان ئەركىنلىك ئىناۋەتسىز قىلىنغىنىغا باراۋەردۇر («كولوسسىلىكلەرگە»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ).

تارىخىي ئىسپات باركى، رىم ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە (بولۇپمۇ ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى ئېتىقادچىلارغا زىيانكەشلىك قىلغان مەزگىللەردە) «مەسىھگە باغلانغانلار دائىم دېگۈدەك يەكشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە يىغىلىپ، شۇ كۈندە مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنى تەبرىكلەپ ئىبادەت قىلىشاتتى» (مەسىھ يەكشەنبە كۈنىدە تىرىلگەن). بۇ كۈنلەردىن كېيىن، «قەيسەر» ئىمپېراتور «مەن خرىستىئان بولاي» دەپ ھەممە ئادەمنى بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ «خرىستىئان بولۇش»قا مەجبۇرلىماقچى بولۇپ پۈتكۈل رىم ئىمپېرىيەسى «خرىستىئانلاشقان»ىدى. بۇنىڭ بىر نەتىجىسى، يەكشەنبە كۈنى ئىمپېرىيە بويىچە دەم ئېلىش كۈنى دەپ بېكىتىلگەن. كېيىن، دۇنيا بويىچە كۆپ باشقا ئەللەر ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ ئوخشاش شۇ كۈننى دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتكەن.

ئەمما بۇ بىر بېكىتىلگەن ئادەت، خالاس. ئىنجىلدىكى ھېچقانداق يەردە «يەكشەنبە كۈنى «دەم ئېلىش كۈنى»دۇر» دېگەن كۆرسەتمە مەۋجۇت ئەمەس.

ئەلۋەتتە، ھەرقايسىمىز خالىساق ھەرقانداق كۈننى ئۆزىمىزگە ئالاھىدە دۇئا قىلىش، ئىبادەت قىلىش، تەبرىكلەش كۈنى ياكى شۈنىڭدەك پەقەت دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ تاللاپ بېكىتىش ئەركىنلىكىمىز بار. روسۇل پاۋلۇسنىڭ «رىم.» 1:14-17دە (خاتىرىلەنگەن) بۇ ئىشلار توغرىسىكى روشەن كۆرسەتمىلىرىنى كۆرۈڭ. ئەيسا مەسىھنىڭ جامائىتىدە يېمەك-ئىچمەك ياكى ئالاھىدە بىرەر كۈنى ئۈستىدە ھېچقانداق تالاش-تارتىش قەتئىي بولمىسۇن؛ بۇنداق مەسىلىلەر ھەربىر ئېتىقادچى پۈتۈنلەي ئۆز ۋىجدانىدا خۇدا ئالدىدا ھەل قىلىش كېرەك بولغان ئىش، خالاس.

ئاخىرىدا يۇقىرىقى ئېيتقىنىمىزنى قايتىلايمىزكى، «ئىنسانلارنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئارام ئېلىشى زۆرۈر قىلىپ شەكىللەندۈرۈلگەن». خۇدانىڭ سۆزىدىن ئېلىنغان ئومۇمىي پرىنسىپلارغا ئاساسەن شۇنداق قارايمىزكى، مەسىھدە بولغان ھەر ئىشەنگۈچى ئۆزىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكى ۋە سالامەتلىكىنى دەپ ئۆزىگە قەرەلدە جىسمانىي ئارام ئېلىش ئادىتىنى بېكىتىشكە كۆڭۈل بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق بۇنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا ياكى قايسى كۈنلەردە بولۇشى مۇھىم ئەمەس. بۇ ئىش ھەربىرىمىزنىڭ ئۆز ئالاھىدە ئەھۋالىمىزغا قاراپ خۇدادىن دانالىق ۋە كۆرسەتمىنى ئىزدەش ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان بىر ئىشتىن ئىبارەتتۇر.

## 2-1:6

### «شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسىھ توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئاساسىي تەلىمدە توختاپ قالماي، — يەنى قايتىدىن «ئۆلۈك ئىشلار»دىن توۋا قىلىش ۋە خۇداغا ئېتىقاد باغلاش، چۆمۈلدۈرۈلۈشلەر، «قول تەگكۈزۈش»، ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى ۋە مەڭگۈلۈك ھۆكۈم-سوراق توغرىسىدىكى تەلىملەردىن ئۇل سالايلى دەپ ئولتۇرماي، مۆكەممەللىككە قاراپ ماڭايلى»

مۇشۇ يەردە بۇ «ئاساسىي تەلىملەر»دىن ئىككىسى ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز: —

## (1) «چۆمۈلدۈرۈلۈشلەر توغرىسىدىكى تەلىم»

پاۋلۇسنىڭ «بىرلا چۆمۈلدۈرۈلۈش باردۇر» دېگىنى ئۈستىدە «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى ھەمدە «سۈننەت ۋە چۆمۈلدۈرۈلۈش» ئۈستىدە «كولوسسىلىكلەرگە»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ. مۇقەددەس يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغان «چۆمۈلدۈرۈلۈشلەر» تۆۋەندىكىدەك: —

(ئا) يەھيا پەيغەمبەر يۈرگۈزگەن توۋا قىلىش ھەمدە كېلىدىغان قۇتقۇزغۇچىغا بولغان ئېتىقادنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن (سۇغا) چۆمۈلدۈرۈش.

(ئە) يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئەيسا مەسىھنى چۆمۈلدۈرۈشى («ماتتا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ).

(ب) ئەيسا مەسىھنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇز نامىدا يۈرگۈزگەن ئېتىقادچىلارنى (يەنە توۋا قىلىش ھەمدە كېلىدىغان قۇتقۇزغۇچىغا ئېتىقادىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن) سۇغا چۆمۈلدۈرۈش («يۇھ.» 22:3، 1:4-2).

(پ) «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە خاتىرىلەنگەن، ئېتىقادچىلارنىڭ رەب ئەيسا مەسىھگە ئېتىقادىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىدا بولغان چۆمۈلدۈرۈش (يەنى «ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامى بىلەن سۇغا چۆمۈلدۈرۈش، «مات.» 19:28 ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ). بۇ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق ئىنسانلار خۇدادىن ئۆزىنىڭ ئۈلۈغ «مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈرۈلۈشى»نى ئۈتۈنىدۇ.

(ت) «مۇقەددەس روھقا ۋە ئوتقا چۆمۈلدۈرۈلۈش» («مات.» 11:3، «مار.» 8:1، «لۇقا» 16:3، «روس.» 5:8-8، 38:2)

(ج) مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت، ئۆلۈم ۋە گۇناھ ئىچىدە چۆمۈلدۈرۈلۈشى («مار.» 38:10-39، «لۇقا» 50:12). باشقا چۆمۈلدۈرۈلۈشلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى ئاساس قىلغان («ئەف.» 5:4).

## (2) «قول تەگكۈزۈش»

ئوقۇرمەنلەر تەۋراتتىن تېپىلىدىغان «قول تەگكۈزۈش»كە دائىر مىساللاردىن شۇ يەردىكى مۇھىم چۈشەنچىنىڭ «بىر بولۇش» ياكى «بىر سالاھىيەتتە بولۇش» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قۇربانلىق قىلغۇچى (مەيلى ئاددىي پۇقرا بولسۇن ياكى كاھىن بولسۇن) قۇربانلىق بولىدىغان ھايۋاننىڭ بېشىغا قولىنى تەگكۈزۈپ («لاۋ.» 4:1، 2:3، 4:4، 15:4، 24:4، 14:8، 21:16، «چۆل.» 12:8، «2تار.» 29:23) خۇداغا: «بۇ ھايۋان مېنىڭ ئورنۇمدا (ساڭا ئىبادەت قىلىش، رەھمەت ئېيتىش، گۇناھلىرىمنى تىلەش ئۈچۈن) كۆيدۈرۈلسۇن» دەيدۇ. گۇناھلىرىنى تىلەش ئۈچۈن بولىدىغان قۇربانلىقلارنى سۇنغاندا قۇربانلىق قىلغۇچى ئۇنىڭغا قول تەگكۈزگەندە بەزىدە يەنە «مېنىڭ گۇناھلىرىم بۇ ھايۋاننىڭ ئۈستىگە قويۇلغان» دەپ گۇناھلىرىنى خۇدا ئالدىدا ئىقرار قىلاتتى.

ئىنجىل دەۋرىدە بولسا «قول تەگكۈزۈش»نىڭ مۇھىم چۈشەنچىسى «بىر بولۇش» مەنىسىدىمۇ بولىدۇ. بىراق ئىنجىلدا قول تەگكۈزگۈچى قول تەگكۈزۈلگەن كىشىگە «بۇ ئادەمنىڭ ھاجەتلىرى مېنىڭكى بولغاندەك بولسۇن» دەپ ئۇنىڭ ئورنىدا دۇئا قىلىشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. رەب ئەيسا دائىم دېگۈدەك كېسەل ئادەملەر ئۈچۈن دۇئا قىلغىنىدا («مات.» 3:8، 34:20، «مار.» 23:5، 5:6، 23:8-25) ۋە باللارغا بەخت تىلىگىنىدە ئۈستىگە قول تەگكۈزگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ ئوخشاش ئىشنى قىلاتتى («مار.» 13:6، 18:16). جامائەت ئىچىدە كېسەل بولغانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىنغاندا، ماي سۈرۈپ مەسىھلەش بىلەن («ياق.» 14:5) قول تەگكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. جامائەتنىڭ سۇغا چۈمۈلدۈرۈلگەن كىشىلەرگە مۇقەددەس روھنىڭ چۈمۈلدۈرۈشىنى تىلىگىنىدە، ئۇلارغا «قول تەگكۈزۈش» «سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا بولۇپ سىلەرگە مۇقەددەس روھنى تىلەيمىز» دېگەننى بىلدۈرىدۇ («روس.» 15:8-17، 17:9، 6:19). ئالاھىدە خىزمەتكە ئايرىلغانلار ئۈچۈن ئۈستىگە «قول تەگكۈزۈش» «ئى رەب، بۇلار بىزنىڭ ئورنىمىزدا خىزمەت قىلماقچى، بىز سېنىڭ ئالدىڭدا ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى بارلىق ھاجىتىدىن چىققايسەن دەپ دۇئا قىلىمىز» دېگەننى بىلدۈرىدۇ («روس.» 6:6، 3:13، 23:14، «1تىم.» 14:4، 22:5، «2تىم.» 6:1).

## 6:6: ئېتىقادتىن چېكىنىپ كەتكەنلەر قايتىدىن تووۋا قىلالامدۇ؟

«چۈنكى ئەسلىدە يورۇتۇلۇپ، ئەرشتىكى ئىلتىپاتتىن تېتىغان، مۇقەددەس روھتىن نېسىپ بولغان، خۇدانىڭ سۆز-كالامىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەم كەلگۈسى زاماندا ئايان قىلىنىدىغان قۇدرەتلەرنى ھېس قىلىپ باققانلار ئەگەر يولدىن چەتنىگەن بولسا، ئۇلارنى قايتىدىن تووۋا قىلدۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە قىلىپ خۇدانىڭ ئوغلىنى قايتىدىن كرېستلەپ رەسۋا قىلماقتا».

مەسىھگە ئېتىقاد باغلىغان ئاندىن ئېتىقادىدىن تېنىپ كەتكەن ياكى ئېغىر ئەخلاقسىزلىققا تېيىلىپ چۈشكەنلەردىن بۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ ماڭا زادى خۇدانىڭ يېنىغا قايتىدىغان يول بارمىدۇ دەپ قورقىدىغان كۆپ ئادەملەر بولغان ۋە بولماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا ئادەم قاتتىق قورقمىسا، ئۇ ئۆچىغا چىققان ئەخمەق، ئەلۋەتتە. بىراق بۇ سۆزلەرنى خەتتىكى ئالدى-كەينى مەزمۇنلار بىلەن تەڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئېسىمىزدە باركى، ئۇشبۇ مەكتۇپ «ئۆز يۇرتىنىڭ قېلىپىغا قايتىدىن چۈشۈپ، «كونا ئەھدە» بويىچە ئىبادەتخانىغا قايتىپ شۇ يەردە تەۋراتتا تەلەپ قىلىنغان قۇربانلىقلارنى سۇنۇشقا مەجبۇرلىنىپ تۇرلۇك بېسىمغا ئۇچراپ كەلگەن ئىبرانىي ئېتىقادچىلارغا يېزىلغان. ئۇلار شۇ بېسىم ئاستىدا تەۋرىنىپ قالغانلىقى تۈۋەندىكىدەك ئىككى سەۋەبنىڭ بىردىن ياكى ئىككىسىدىن بولغان: —

(1) خۇدانىڭ ھەقىقەتەن لاۋىيلارغا تاپشۇرغان قۇربانلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا، شۇنداقلا مەسىھنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ھەقىقەتەن «ئاخىرقى بىردىنبىر قۇربانلىق» ئىكەنلىكىگە بولغان گۇمان؛

(2) ئېتىقاد تۈپەيلىدىن ئۆز يۇرتداشلىرىدىن بولغان زىيانكەشلىككە ياكى چەتكە قېقىلىشقا بەرداشلىق بېرىشنى خالىماسلىقى. شۈبھىسىزكى، بەزىلىرى: «ئىبادەتخانىغا بېرىپ، قۇربانلىقلارنى سۇنۇشتىن توختىمىسام، لېكىن كۆڭلۈمدە مەسىھگە يوشۇرۇن ئىشەنسەم، ھېچكىم ئېتىقادىمنى بىلمىسە بولىۋېرىدۇ؛ ھەممەيلەن مېنى ئۆزىدەك «ئىخلاسمەن يەھۇدىي» دەپ قارايدۇ» دېگەندەك ئويدا بولاتتى.

بىرىنچى مەسىلە ئۈستىدە مۇئەللىپ گۇمانلارنى يوقىتىپ، كەم دېگەندىمۇ ئالتە تەرەپتە مەسىھ خۇدانىڭ بۇرۇن كەلگەن بارلىق خىزمەتكارلىرىدىن چەكسىز ئۈستۈنلۈكتە

تۆرغانلىقىنى، ئۇنىڭ قۇربانلىقى دەرھەقىقەت «ئاخىرقى قۇربانلىق» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى نۇقتىدا (يۈرتتىكىلەردىن قورقۇش) بولسا، ئۇلارغا ئىنسانلارغا نىسپ قىلىنىپ چۈشۈرۈلگەن ئەڭ يۇكسەك چاقىرىقتىن چېكىنگەنلەر يېقى ئەھدىدە يەتكۈزۈلگەن مېھىر-شەپقەتكە لايىق ئەمەس دەپ كۆرسىتىپ ئېنىق ئاگاھلاندۇرىدۇ.

11-بابتا ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋە ئېتىقاد يولىدا «يول باشلامچى» بولغان خۇدا ئەھلى ھەتتا ئۆز يۇرتداشلىرى تەرىپىدىنمۇ چەتكە قېقىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىنتايىن ئوچۇق-يورۇق سۆزلەر بىلەن ئەنە شۇنداق «يۈرتتىكىلەردىن قورقۇش»تا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەي دەپ كونىلىق بويىچە قېلىپلىشىشنى پەقەت «گۇناھلار ئىچىدىكى لەززەتلەردىن ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولۇش» دەپ ئەيىبلەيدۇ (25:11).

ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى تىلەش ئۈچۈن مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە بېكىتىلگەن قۇربانلىقلارنى سۇنۇۋەرگەنلەر خاتالىشىپلا قالماي، بەلكى مەسىھنىڭ قۇربانلىق ئەمەلگە داغ كەلتۈرۈپ ئۇنى ھاقارەتلىگەنگە باراۋەر ئىش قىلغان بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ سۇنغان قۇربانلىقلىرى (قوي-كالا قاتارلىقلار) دەل شۇ ئىشنىڭ ئۆزى بولىدۇ. بۇ: —

(1) مەسىھنىڭ گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئەمەل-خىزمىتى تېخى تۈگىمىدى دېيىش؛

(2) خۇدانىڭ ئەمەلدىن قالدۇرغىنىنى يەنىلا چىڭ تۇتۇپ، مەسىھنىڭ قۇربانلىقىلا كۇپايە بولمايدۇ دەپ ئۇنىڭدىن تېنىش. مۇئەللىپنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا: «ئۇلار خۇدانىڭ ئوغلىنى قايتىدىن كرېستلەپ رەسۋا قىلماقتا».

شۇڭا مۇئەللىپنىڭ دېگىنى «خۇدانىڭ يېنىغا قايتىش يولى مەۋجۇت ئەمەس»، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلار مەسىھنىڭ قېشىغا قايتاي دېسە كونا تۈزۈمدىن ھەم ئۇنىڭدىكى قۇربانلىقتىن قەتئىيلىك بىلەن قول ئۈزۈشى، شۇنداقلا يۇرتتىن كەلگەن خارلىق ۋە زىيانكەشلىككە قارىتا مەسىھنىڭ بۇلارنى كۆزگە ئىلغۇچىلىكى يوق دېگىنىدەك بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى (2-1:12).

## 3:7 ئۇستىدە

«ئۇنىڭ ئاتىسى يوق، ئانىسى يوق، نەسەبنامىسى يوق، كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى يوقتۇر، بەلكى ئۇ خۇدانىڭ ئوغلىغا ئوخشاش قىلىنىپ، مەڭگۈلۈك كاھىن بولۇپ تۇرىدۇ»

مەلكىزەدەك دېگەن كىشى توغرۇلۇق ھەيران قالارلىق بۇ بايانغا قاراپ ئۇنى زادى كىمدۇ، دەپ قېلىشىمىز مۇمكىن. دىققەت قىلىمىزكى، مۇئەللىپ «ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى كۆرسىتىدىغان نەسەبنامىسى ياكى تۇغۇلۇش خاتىرىسى يوق» دېگەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھېچقانداق ئاتا-ئانىسى ياكى تۇغۇلۇش ئىشى يوقلۇقىنى ئوچۇق دەيدۇ! ئۇنىڭ ئىبراھىم بىلەن كۆرۈشۈشكە چىققان چاغدىكى ۋەقەنىڭ خاتىرىسىنى قايتىدىن ئوقۇڭ. ئۇ ھېچقانداق تونۇشتۇرۇلۇش ياكى چۈشەندۈرۈلۈش بولمىغان ھالدا تارىخ سەھىپىلىرىگە كىرىپ كېلىدۇ. بىراق ئىبراھىم ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ كاھىنلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەخت تىلىگىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. «شۈبھىسىزكى، بەخت تىلىگۈچى بەختكە ئېرىشكۈچىدىن ئۈستۈندۇر» (7:7).

ئۇنىڭ ھەقىقەتەن «كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى يوق» دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى شۈبھىسىزكى، خۇدا ئۆزى مەڭگۈلۈك بولغاندەك ئۇمۇ مەڭگۈلۈكتۇر. شۇڭا بىز شۇ بىرلا خۇلاسىگە كېلىشىمىز توغرىدۇركى، مەلكىزەدەك رەب ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئىلگىرىكى ئۇنىڭ بىر كۆرۈنۈشى ئىدى. تەۋراتتا ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئايان بولۇشلىرى بايان قىلىنغان خاتىرىلەردىن بىرنەچچە مىسال بار. مەسىلەن، ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» ياكى «پەرۋەردىگارنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى» سۈپىتىدە كۆرۈنگەندە «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» خۇددى خۇدا ئۆزى سۆزلىگەندەك سۆزلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا خۇدا دەپ ئىبادەت قىلىنىدۇ ۋە ئۇ شۇنداق ئىبادەتنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن، «يار.» 6:16-13، 1:18-33، 11:22-19، «يەشۇئا» 13:5-5:6، «ھاك.» 1:2-4، 11:6-24، 1:13-23، «مىك.» 1:5-2. «زەك.» 12:8نى كۆرۈڭ. مەلكىزەدەك دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى: — «..بىرىنچىدىن «ھەققانىيەت پادىشاھى»... ۋە ئۇ «سالېمنىڭ پادىشاھى»مۇ بولۇپ، مەنىسى «ئامانلىق پادىشاھى» دېگەنلىك». بۇ بايان توغرۇلۇق ئويلىساق، بۇنداق

ئاتاقلار بىلەن ئاتىلىدىغان پەقەت بىردىنبىر زات بار — ئۇ رەب ئەيسا ئۆزىدۇر. شۇڭا بىز «مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى بويىچە» ياكى «تىپى بويىچە» پەقەت ئىككى كاھىن بار، ئۇلار ئىككىسىنى ئەمەلىيەتتە بىر زات دەپ ئىشىنىمىز. بۇ زات بولسا مەلكىزەدەكنىڭ سالاھىيىتىدە كۆرۈنۈپ، ئۆزىنىڭ «كاھىنلىق تۈزۈم»نى بېكىتكەندىن كېيىن، ئۆزى كېلىپ مۇشۇ تۈزۈمدىكى ئىككىنچى، شۇنداقلا ئاخىرقى «مەڭگۈگە كاھىن بولغان» رەب ئەيسا ئۆزىدۇر.

20-19:10 «شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي قېرىنداشلار، ئەيسانىڭ قېنى ئارقىلىق ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرىشكە جۈرئەتلىك بولۇپ، (ئۇ بىزگە ئېچىپ بەرگەن، ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسىدىن (يەنى، ئۇنىڭ ئەت-تېنىدىن) ئۆتىدىغان شۇ يېپيېڭى، ھاياتلىق يولى بىلەن)...»

بۇ ئايەتتىكى «پەردىسى (يەنى، ئۇنىڭ ئەت-تېنى)» دېگەن بايان بىزگە ئەيسانىڭ ئۆزى توغرۇلۇق چوڭقۇر بىر چۈشەنچىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلىدىغان دەقىقىدە ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي» ۋە «ئەڭ مۇقەددەس جاي» ئوتتۇرىسىدىكى (10 سانتىمېتر قېلىنلىقتا) پەردىنىڭ ئۈستىدىن تېگىگىچە يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەيمىز («مات.» 51:27). بۇ ئىش ئارقىلىق ھېچقانداق شۈبھە قالمايدۇكى، خۇدا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھۇزۇرىنى بىراقلا ئېچىۋەتكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەقەت باش كاھىن يىلدا پەقەت مەلۇم بىر كۈنىلا «پەردە ئارقىلىق» ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. «بىراق، «ئەڭ مۇقەددەس جاي» دەپ ئاتالغان ئىككىنچى بۆلۈمگە پەقەت باش كاھىن يىلدا بىر قېتىملا كىرىدۇ. كاھىن ئۇ يەرگە ئۆز گۇناھلىرى ۋە خەلقنىڭ نادانلىقتىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاتالغان قۇربانلىق قېنىنى ئالماي كىرمەيدۇ» (7:9).

يەر يۈزىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسى مەسىھنىڭ تېنى بىز ئۈچۈن يىرتىلغاندەك يىرتىلغان. مۇقەددەس «ئىبادەت چېدىرى» بولغان دەۋردە ۋە كېيىن سۇلايمان پادىشاھنىڭ دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىدىمۇ پەردە كەينىدە خۇدانىڭ ئەينى شان-شەرىپى (ئىبرانىي تىلىدا «شېكەيناھ») جۇلالىنىپ پارلاپ تۇراتتى («مىس.» 34:40-38، «2سام.» 2:6،

«1پاد.» 8:1-12، «2پاد.» 19:15، «1تار.» 13:6، «2تار.» 5:5-14، «زەب.» 80:1، 99:1، «يەش.» 37:16نى كۆرۈڭ). مۇسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ چىققاندىن كېيىن («مىس.» 34:29-30) خەلق ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئەكس ئېتىلدىغان شەرىپى بىلەن پارلايدىغان چىرايىغا قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرۇپ خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن چىرايىنىڭ ئۈستىگە پەردە تارتىشى كېرەك ئىدى (33-35).

مۇقەددەس ئىبادەت چېدىرىنىڭ پەردىسى ۋە ھەتتا چېدىرىنىڭ ئۆزىمۇ شۇ رولنى ئوينايتتى. ئەگەر خۇدا تولۇق شان-شەرىپى ئىچىدە ئارىمىزدا ئايان بولغان بولسا، گۇناھسىز بىر ئىنسان ئۇنىڭغا قارىيالمايتتى، لېكىن ھەممىمىز گۇناھكار بولغاندىن كېيىن بۇ كۆرۈنۈشكە قانداقمۇ قارىيالايمىز؟ ئىنسان قۇياشقا قاراپ تۇرالامدۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىبادەت چېدىرى خۇداغا نىسبەتەن (1) ئۆز خەلقى ئىسرائىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا (شان-شەرىپىنى پەردىلىگەن ھالدا) تۇرۇشقا يار بەرگەن؛ (2) ئىسرائىل خەلقىنىڭ كاھىنلىق تۈزۈم، شۇنداقلا قۇربانلىقلار ئارقىلىق ئۆزىگە يېقىنلىشىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن.

ئەيسا تۇغۇلغاندا روسۇل يۇھاننا مۇنداق بايان قىلىدۇ: ««كالام» ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ماكان قىلىپ (گرېك تىلىدا «چېدىر تىكىپ») ياشىدى. ئۇ مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتكە تولغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭ شان-شەرىپىنى، يەنى ئاتىمىز خۇدانىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنىڭ شان-شەرىپىنى كۆردۇق» («يۇھ.» 1:14). خۇدانىڭ شان-شەرىپى بىر ئىنساندا مۇجەسسەملەشتى؛ يۇھاننا ۋە ئۇنىڭدەك مەسىھگە ئەگەشكەنلەرمۇ خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى «كۆتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە» كۆرۈشكە نېسىپ ئىدى. دېمىسەكمۇ، ئۇلار كۆرگەن شان-شەرەپ پەقەت ئىمان-ئېتىقاد باغلىغانلارغا ئېچىلدى. خۇدا ئەيسانى مۇخلىسلىرى ئالدىدا شان-شەرەپ بىلەن ئۇلۇغلىغان ۋاقتى بۇنىڭغا بىر مىسال بولىدۇ («مات.» 17:1-13) لېكىن يەنە باشقا ۋاقىتلاردا ئەيسا «سىرتقى پارلاقلىق»ى بىلەن، كۆرۈنمىگىنى بىلەن مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۈيۈك شان-شەرىپىنى روھ-قەلبىدە كۆرۈپ يەتكەن (مەسىلەن، «يۇھ.» 2:1-11، بولۇپمۇ 11-ئايەتنى كۆرۈڭ).

مۇئەللىپنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇ ئايەتتە «پەردىسى (يەنى، ئۇنىڭ ئەت-تېنى)» دېگىنىدىن بىز مەسىھنىڭ شان-شەرىپى (شۇنىڭدەك خۇدانىڭ شان-شەرىپى-نىڭ ئىنسانغا ئايان قىلىنغان ئەڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولسا، دەل ئۇ تارتقان ئازاب-

ئوقۇبەتلەر ۋە ئۆلۈمدە ئۇنىڭ تېنى، يەنى «پەردە»نىڭ يىرتىلغىنىدا بولغان، دەپ قارايمىز. مۇشۇ يول بىلەن خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغان يول بىزگە ئېچىلغان، شۇنداقلا مۇشۇ يول بىلەن خۇدانىڭ تەڭداشسىز، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇھەببىتىنىڭ چەكسىز شان-شەرىپىنىڭ چوڭقۇر تەگلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇق! ئۇنىڭ «ئادەمنىڭ بىلىپ يېتىشىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ چۈشىدىغان» بۇ مۇھەببىتى بىلەن ئۇ «ھېچ گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن» ئۆز يېگانە ئوغلىنى «بىزنى دەپ گۇناھنىڭ ئۆزى قىلدى؛ مەقسىتى شۇكى، بىزنىڭ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى بولۇشىمىز ئۈچۈندۇر». ھەمدۇسانا!

## 22:10 «دىللىرىمىز ۋىجداندىكى بۇلغۇنۇشلاردىن سېپىلىش بىلەن پاكلانغان ۋە بەدىنىمىز ساپ سۇ بىلەن يۇيۇلغاندەك تازىلانغان ھالدا ئېتىقادىنىڭ تولۇق جەزم-خاتىرجەملىكى ۋە سەمىمىي قەلب بىلەن خۇداغا يېقىنلىشايلى!»

بۇ ئايەت ئۈستىدە قىسقىچە توختالغۇمىز بار. «بەدىنىمىز ساپ سۇ بىلەن يۇيۇلغاندەك تازىلانغان ھالدا» دېگەن ئىبارە نېمە ئىشنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇ ئىبادەت ئالدىدا تېنىمىزنى يۇيۇش ياكى غۇسۇل قىلىش كېرەك دېگەنلىكمۇ؟ رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ بۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق بولغان تەلىمى تولىمۇ روشەندۇر. خۇدا ئىنسانىنىڭ سىرتتىكى پاكىزلىقىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ («مار.» 7:1-23نى كۆرۈڭ)، بەلكى ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا دائىم قارايدۇ. دۇئادىن بۇرۇن قولىنى يۇغان، ئەمما كۆڭلى ناپاك كىشىنىڭ دۇئاسى خۇدا ئالدىدا قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇڭا مۇشۇ يەردە مۇئەللىپ ھېچقانداق جىسمانىي يۇيۇش ياكى جىسمانىي «ساپ سۇ»نى كۆرسەتكىنى يوق. ئايەتتە ئۇ يەنە «دىللىرىمىز ... سېپىلىش بىلەن پاكلانغان»نى تىلغا ئالىدۇ؛ لېكىن بۇ سېپىلىش سىرتتىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئىنسان قەلبىدە (مۇقەددەس روھنىڭ مەسىھنىڭ قېنىنى قەلبىمىزگە تەتبىقلىشى ئارقىلىق) يۈز بېرىدىغان ئىش. شۇنىڭغا ئوخشاش «تېنىمىز يۇيۇلغان ھالدا» «ساپ سۇ» دېگەن ئىبارىلەر كۆچمە مەنىدە بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئەسلىدىكى لاۋىيلىق كاھىنلارنىڭ خۇداغا يېقىنلىشىش يولى ئىدى. ئۇلارنىڭ «پاكىزلىنىشى ئۈچۈن» تەنلىرى ئۈستىگە قۇربانلىقلارنىڭ قېنى ياكى «كاففارەت سۈيى» سېپىلىشى كېرەك ئىدى. خۇداغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇلار

(1) چوڭ داس («دېڭىز») ئىچىدە پوتكول تەنلىرى يۇيۇلۇشى؛ (2) قۇربانلىق قانلىرى ئۇستىگە سېپىلىشى؛ (3) مۇقەددەس ماي بىلەن «مەسىھلىنىش»ى كېرەك ئىدى («لاۋ.» 6:8، 23-24، 30). مۇئەللىپ بۇ ئىشلارنى كۆچمە مەنىدە بىزگە تەتبىقلايدۇ. روسۇل پاۋلۇس بىزگە، مەسىھ ئۆز جامائىتىنى ««چوڭ داس»، يەنى خۇدانىڭ سۆزى»دە يۇيۇپ پاك قىلىدۇ، دەپ ئۇقتۇرىدۇ («ئەف.» 5:25-27). شۇڭا مۇئەللىپ مۇشۇ يەردە كۆچمە مەنىدە سۆز قىلىدۇ، «ساپ سۇ» — بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى پاش قىلىدىغان ھەمدە ئىچكى دۇنيايىمىزنىمۇ، سىرتتىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزنىمۇ توغرىلايدىغان توۋا قىلىشتىكى ئەمەلىي باسقۇچلارغا كۆرسەتمە بولىدىغان خۇدانىڭ سۆزىنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ سۆزى بىزنى خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئارقىلىق مەسىھنىڭ قېنىنى ۋىجدانىمىزغا سېپىپ قەلبىمىزنى پاكلاندۇرۇشقا تەييارلايدۇ.

شۇڭا ئېتىقادچى ئۈچۈن دۇئا ئالدىدا ياكى خۇدانىڭ سۆزىنى ئوقۇش ئالدىدا قول يۇيۇش شەرت ئەمەس؛ بىراق خۇدانىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلىشقا كىرىش ئۈچۈن ئۇ چوقۇم سىرتتىكى ۋە ئىچىدىكى گۇناھلىرىدىن توۋا قىلىشى كېرەك.

## 10:26-27: «ھەقىقەتنى تونۇشقا نېسىپ بولغاندىن كېيىن، يەنىلا قەستەن گۇناھ ئۆتكۈزۈۋەرسەك، ئۇ چاغدا گۇناھلار ئۈچۈن سۇنۇلىدىغان باشقا بىر قۇربانلىق بولماس، بەلكى بىزگە قالىدىغىنى پەقەت سوراق، شۇنداقلا خۇدا بىلەن قارشىلىشىدىغانلارنى يەپ تۈگەتىشكە تەييار تۇرىدىغان يالقۇنلۇق ئوتنى قورقۇنچ ئىچىدە كۈتۈشلا، خالاس»

بۇ ئايەت 6:6گە ئوخشاش، ئېتىقاد باغلىغان لېكىن كېيىن ئېغىر گۇناھلارغا تېيىلىپ چۈشكەن كۆپ كىشىلەرنى «خۇدانىڭ يېنىغا قايتىش يولى بارمىكىن» دېگۈزۈپ ئىنتايىن قورقىتىدۇ. يەنە بىر قېتىم دەيمىزكى، ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئەھۋاللاردا بولغانلار قورقمىسا، ئۇتۇپ كەتكەن ئەخمەقلىق بولىدۇ. بىراق 26-ئايەتتە بايان قىلىنغان قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا چۈشكەنلەر ئۈچۈن 27-ئايەت بىر «ئۈمىد ئۇچقۇنى»نى تەمىنلەپ بېرىدۇ. 27-ئايەتتە ئۇ خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن «قارشىلىشىدىغانلارنى يەپ تۈگەتىشكە» ئاللىقاچان تەييارلىغان ئوتنى بايان قىلىدۇ. ئەگەر قەلبىمىنىڭ تەگلىرىدە ئۆزۈمنىڭ يامان قىلمىشلىرىمغا تېخى يىرگىنچىم بار بولسا، خۇدا بىلەن

دۈشمەن بولماسلىقتا تەشنايىم بار بولسا، مەسىھگە قارايدىغان ئىمان-ئېتىقادىم يەنىلا بار بولسا، مۆئەللىپ تىلغا ئالغان ئوت ۋە سوراق ئاخىر بېرىپ مېنى پۈتۈنلەي يەپ تۈگەتمەيدۇ، دېگەن ئۈمىد بولىدۇ. ئوت بۇنىڭ ئورنىدا مەندە بولغان خۇدا خالىمايدىغان ھەربىر ئىشنى كۆيدۈرىدىغان ئەمما ئۆزۈمنى تاۋلايدىغان ئوت بولىدۇ («كورىنتلىقلار (1)» 3:11-15، «ئىبر.» 29:12، «يەش.» 33:10-24نى كۆرۈڭ). ھەتتا چىن كۆڭلىدىن قورقۇپ تۇۋا قىلغانلار خۇددى خۇدانىڭ ئوتتا يۇزلەنگەندەك ئۇنىڭ تەربىيىسى (مەيلى ئىنتايىن قاتتىق بولسىمۇ)نى قوبۇل قىلىپ، شۇنداقلا خۇداغا يەنە بۇ دۇنيادا مېۋىلىك بولۇشنىڭ ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن («1كور.» 30:11-32نى كۆرۈڭ).

«ئىبرانىيلارغا» 34:10 «چۈنكى سىلەر ھەم مەھبۇسلارنىڭ دەردىگە ئورتاق بولدۇڭلار ھەم مال-مۈلكۈڭلار بۇلانغاندىمۇ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئېسىل ھەم يوقاپ كەتمەيدىغان باقىي تەئەللۇقاتقا ئىگە بولىدىغانلىقىڭلارنى بىلگەچكە، خۇشاللىق بىلەن بۇ ئىشنى قوبۇل قىلدىڭلار».

پەلەستىن ۋە ئەتراپىدا تېپىلغان، مۇشۇ مەزگىلنى بايان قىلغان تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، رىم ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمىتى مەسىھ توغرىسىدىكى گۇۋاھلىقتا ئالاھىدە قارشى چىققان ۋاقىتلاردا ئۇلار قاتتىق يارلىقلارنى چىقارغان. يارلىقلار بويىچە مەسىھگە ئېتىقاد قىلغان، شۇنداقلا ئېتىقادىنى جار قىلغۇچى ھەرقانداق كىشىنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتلىرى دۆلەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىناتتى؛ مۇسادىرە قىلىنغانىنىڭ يېرىمى بولسا «پالانچى-پۈستانچى كىشى مەسىھنى جار قىلدى» دەپ ساتقۇنلۇق قىلغان كىشىگە تەقسىملەپ بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇشبۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان ئېتىقادچىلارنىڭ بەزىلىرى مۇشۇنداق جاپانى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندى. ئۇلار ئەينى چاغدا بۇنى ئەيسا تاپىلغىنىدەك خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان: —

«مۇبارەك، مەن ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھاقارەت، زىيانكەشلىك ۋە ھەرتۈرلۈك تۆھمەتكە ئۇچرىساڭلار؛ شاد-خۇرام بولۇپ يايراڭلار! چۈنكى ئەرشلەردە كاتتا ئىنئام سىلەر ئۈچۈن ساقلانماقتا؛ چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۇلار مۇشۇنداق زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان» («مات.» 11:5-12).

ئەمما يۈرت تەرىپىدىن شۇنداق توختاۋسىز خارلىق ۋە چەتكە قېقىلىشلار مۇشۇ قەدىرلىك ئېتىقادچىلارنى ئۈپراتماقتا، ئۇلار ھازىر ئاللىقاچان ئېرىشكەن روھىي بايلىقلار ۋە مىراستىن مەھرۇم بولۇش خەۋپ-خەتىرىدە تۇراتتى. «چۈنكى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ ۋەدە قىلغىنىغا مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن، سەۋر-چىدام قىلىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ» (36:10).

بىز مۇشۇ يەردە پەقەت شۇنى قوشۇپ ئېيتىمىزكى، خەت ئىبادەتخانا ھەم شۇنىڭغا ئائىت بولغان قۇربانلىقلارنى تاشلاشقا روشەن خىتاب قىلغان بولغاچقا، ئىبادەتخانىنىڭ مىلادىيە 70-يىلىدا ۋەيران قىلىنىشىدىن ئىلگىرى (بەلكىم مىلادىيە 60-يىلى ئەتراپىدا) يېزىلغان بولسا كېرەك. كېيىن، يەھۇدىيلار رىمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، رىم لەشكەرلىرى يېرۇسالېمنى ئۈچ يېرىم يىللىق مۇھاسىرىگە ئالغان. ئۇلار شەھەرگە بۆسۈپ كىرگەندە شۇنچە ئەسەبىيلەشكەنكى، شەھەرنى، ئىبادەتخانىنى ۋە ئەتراپىدىكى يۇرتلارنى ۋەيران قىلىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋەتكەن. شۇ چاغدا ئەسلىدە ئېتىقاد جەھەتتە «مۇرەسسە قىلغان»، يۇرتداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈش ئۈچۈن ئېتىقادىدىن تېنىپ كەتكەن، شۇنداقلا زىيانكەشلىكتىن قېچىپ ئۆز تەئەللۇقاتلىرىنى قولدىن كەتكۈزمىگەنلەر بەرىبىر ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولاتتى؛ بىراق بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا زىيانكەشلىك ئاستىدا مال-مۈلكىدىن مەھرۇم بولغانلار خۇدا دەرۋەقە ئوتلۇق سىناقتا ئېتىقاد ۋە مۇھەببىتىمىزنى سىناپ كۆردى دەپ بىلىپ خۇشاللىقتا بولاتتى.

## «ئىبرانىيلارغا» 26:11 «ئۇ (مۇسا) مەسىھكە قارىتىلغان ھاقارەتكە ئۇچراشنى مىسىرنىڭ خەزىنىسىدىكى بايلىقلارغا ئىگە بولۇشتىنمۇ ئەۋزەل بىلدى. چۈنكى كۆزلىرىنى ئەرشتىكى ئىنئامغا تىككۈۋاتاتتى».

بۇ ئايەت بەك قىزىق، چۈنكى مەسىھ يەر يۈزىگە تېخى كەلمىگەن تۇرسا، مۇسا ئۇنىڭ كەلگۈسىدە دۈچ كېلىدىغان خارلىق ۋە تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن خەۋەردار بولغانىدەك ۋە ئۇلاردىن ئورتاق تارتسام ماڭا شۆھرەت بولىدۇ، دەپ بىلگەنىدەك تۇرىدۇ. مەسىھ تۇغۇلماي تۇرۇپ مۇسا قانداقمۇ «ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھاقارەت»نى كۆرەلىگەن؟

«يەش.» 9:63دە بىز يەشايا پەيغەمبەرگە ئىسرائىلنىڭ مىسىردا تۇرغان ۋاقتىتىكى ھالى ۋە خۇدانىڭ ئۇلارغا ئىچىنى ئاغرىتقانلىقى توغرۇلۇق كەلگەن ۋەھيىنى ئوقۇيمىز: — «ئۇلارنىڭ بارلىق دەردلىرىگە ئۇمۇ دەرددداش ئىدى؛

«ئۇنىڭ يۈزىدىكى پەرىشتىسى» بولسا ئۇلارنى قۇتقۇزغان،
ئۇ ئۆز مۇھەببىتى ھەم رەھىمدىللىقى بىلەن ئۇلارنى ھەمجەمەتلىك
قىلىپ قۇتقۇزغان؛
ئاشۇ قەدىمكى بارلىق كۈنلەردە ئۇلارنى ئۆزىگە ئارتىپ كۆتۈرگەن»
(«يەش.» 9:63).

بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، خۇدا ئۇلارغا ئىچىنى ئاغرىتقان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ «يۈزىدىكى پەرىشتىسى» ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغاچ، «ئۇلارنىڭ دەرد-ئەلەملىرىگە دەرداش» ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەلكىم غايىب ھالدا تۇرغان بۇ «يۈزىدىكى پەرىشتىسى»نى رەببىمىز ئەيسانىڭ ئۆزىدىن باشقا بىرى ئەمەس دەپ ئىشىنىمىز. يۇقىرىدىكى 19:10-20نى، بولۇپمۇ «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» توغرۇلۇق ئىزاھاتىمىزنى كۆرۈڭ. «مىس.» 12:33-17دىمۇ مۇسا پەيغەمبەر خۇدادىن، ئىسرائىلنىڭ چۆل-باياۋاندىن ئۆتىدىغان سەپىرىدە خۇدانىڭ شەخسەن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇشىنى ئىلتىجا قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاندىن بىز «ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ ئەگىشىپ يۈرگەن روھىي ئۇيۇلتاش» توغرۇلۇق ئوقۇيمىز («1كور.» 4:10). پاۋلۇس بىزگە يەنە «ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ ئۇيۇلتاش مەسىھنىڭ ئۆزى ئىدى» دەيدۇ.

دېمەك، مەسىھ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئەمما مۇئەللىپنىڭ «مەسىھكە قارىتىلغان ھاقارەت» دېگىنى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

خۇدانىڭ خەلقى قايسى يەردە كەمسىتىلگەن بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇش (ئىسرائىل مىسىردا جاپا تارتقان ۋاقىتتا مۇسا ئۇلار بىلەن بولغاندەك) ئەمەلىيەتتە مەسىھ بىلەن بىللە بولۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» سۈپىتىدىمۇ چوقۇم ئۇلار بىلەن بىللىدۇر. بۇ تەرەپتىن مۇسا «مەسىھكە قارىتىلغان ھاقارەت»نى ئۆز-ئۆزىگە قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇدانىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرى كۆزگە ئىلىنمىغان، ئۇنىڭ نامى ھاقارەتلەنگەن، ياكى ھەقىقەت، نۇر ۋە مېھرىبانلىق ئاياغ ئاستىدا دەسسەلگەن ئەھۋالدىمۇ ھەقىقەت تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى چىققانلىقىنى كۆرسىتىشىنىڭ ئۆزى مەسىھ بىلەن بىللە بولۇشقا ۋە «ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھاقارەتكە ئۇچراش»قا باراۋەر. چۈنكى خۇداغا ھاقارەت قىلىنسا، مەسىھ ئۇنىڭ سىرتىدا قاراپ تۇرمايدۇ، شۇ ھاقارەتنى ئۆزىگە قارىتىدۇ («زەب.» 9:69، «رىم.» 3:15).

مۇسا پەيغەمبەر چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتلەر مەسىھ كەلگۈسىدە چېكىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە «بېشارەت كۆلەڭگە» ئىدى. ئۇنىڭ ئۆمرى بەلكىم مەسىھنىڭ ئۆمرىگە «بېشارەتلىك رەسىم»مۇ دېگىلى بولىدۇ. مۇسانىڭ ئۆمرىدىكى تۆۋەندىكى ئىش-ۋەقەلەر توغرۇلۇق ئويلاپ بېقىڭ: —

(1) ئۇ تۇغۇلغىنىدا شەيتان (پىرەۋن ئارقىلىق) ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى ئىدى؛

(2) ئۇ خۇدانىڭ خەلقى بىلەن بىر بولۇپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شاھانە، زور باياشات تۇرمۇشنى تاشلىدى؛

(3) ئۇ شۇنداق قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى، يەنى يەھۇدىي خەلقى ئۇنىڭ ياردىمىنى رەت قىلدى، ئۇنى چەتكە قاقتى («مىس.» 2:11-14، «روس.» 7:19-29)؛

(4) ئۇلارنىڭ چەتكە قېقىشلىرى بىلەن ئۇ يات ئەللەرنىڭ قولىدا تېخىمۇ جاپا تارتتى («مىس.» 2:15)؛

(5) ئۇ چەتكە قېقىلغان ۋاقتىدا خۇدا ئۇنىڭغا يات ئەللىك بىر ئايالنى بەردى (مەسىھ يەھۇدىي خەلق تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان ۋاقتىدا خۇدا ئۇنىڭغا جامائەتنى قوشۇپ بەردى — جامائەتنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى «يات ئەللەر»دىن ئىدى) («رىم.» 9:25-33)

(6) ئاخىر بېرىپ خۇدا ئىسرائىلنى زور زۇلۇمدىن كۆپ كارامەت مۆجىزىلەر ئارقىلىق قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىدىن ئەۋەتتى. ئوخشاش يول بىلەن مەسىھ كەلگۈسىدە «ياقۇپنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت كۈنى»دە («يەر.» 30:5-9) ئۇلارنى كۆپ كارامەت مۆجىزىلەر ئارقىلىق قۇتقۇزۇش ھەم ئۇلارغا پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ.

## «ئىبرانىيلارغا» 20:13 «ئەمدى مەڭگۈلۈك ئەھدىنىڭ قېنى بىلەن قوي پادىسىنىڭ كاتتا پادىچىسى بولغان رەببىمىز ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى، خاتىرجەملىكنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدا...»

خەتنىڭ ئاۋۋالقى قىسمىدا مۇئەللىپ «يېڭى ئەھدە»نىڭ بارلىق باشقا ئەھدىلەردىن سېلىشتۇرغۇسىز ئۈستۈنلۈكىنى تىلغا ئالدى. دېمەك، بىز مۇشۇ يەردە تىلغا ئالغان «مەڭگۈلۈك ئەھدە» دەل «يېڭى ئەھدە»نىڭ ئۆزىدۇر، دەپ قارايمىز؛ لېكىن بۇ ئىبارىدىن، يەر يۈزىدە بىز «يېڭى ئەھدە» دەپ ئاتىغان ئەھدە ئەمەلىيەتتە ئەزەلدىن ئاللىقاچان ئۆزۈلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە «مەڭگۈلۈك ئەھدە»

دەپ ئاتالغان، دەپ قارايمىز. ئەمدى بۇ «مەڭگۈلۈك ئەھدە» كىملەر ئارىسىدا بولغان؟ «ئەف.» 1:11-12، «2تىس.» 2:13-14 ۋە «پەند-نەسىھەتلەر»دىكى سىرلىق 8-بابلاردىكى چوڭقۇر مەنىلەردىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئەسلىدە: —

(1) خۇدائاتا ئۆز ئوغلى بىلەن: — ساڭا بىر جامائەت، يەنى ساڭا ھەمراھ بولىدىغان، سېنى ئىنتايىن سۆيىدىغان ئايالدەك، ئۆز مۇھەببىتىڭنى ئىپادىلەيدىغان، بىر تەن بولىدىغان جامائەتنى ساڭا قوشۇپ بېرىمەن، دەپ ئەھدە تۈزۈشكەندى.

(2) شۇنىڭدەك ئوغۇل بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئاتا ئۈچۈنمۇ «تىرىك بىر ئىبادەتخانا»، ئۇنىڭغا تولۇق ئىبادەت بېرىدىغان ھەممە ئۇنىڭدىن تولۇق ھۇزۇر ئالىدىغان، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك سىرلىرىدىن نېسىپداش بولىدىغان بىر ئۇيۇشما خەلق بولسۇن دەپ ئۆز جېنىنى قان تۆكۈپ پىدا قىلىشقا باغلىغان، دەپ ئىشىنىمىز.

(3) يۇقىرىقى ئىشلاردا دائىم ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان مۇقەددەس روھ،، يەنى خۇدانىڭ مۇبارەك روھىمۇ سىرلىق، خالىس ھالدا ئۆزىنى شۇ «مەڭگۈلۈك ئەھدە»گە باغلىغان ۋە ئەھدىلەشكەن، دەپمۇ ئىشىنىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئاتا، ئوغۇل، روھ شۇ «مەڭگۈلۈك ئەھدە»گە ئەزەلدىن ئەھدىداش بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ يەردە سەھىپىلەر پەقەت ئىشەنگىنىمىزنى بايان قىلىشقىلا يېتىدۇ. تەپسىلىي ئىسپاتلار بەرگىنىمىز يوق. ئەمما ئوقۇرمەن مۇقەددەس يازمىلارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇغىنىدا بۇ ئىش، يەنى مەسىھنىڭ يەر يۈزىدە بىز ئۈچۈن تۆككەن قېنىدا پۈتۈلگەن بۇ «مەڭگۈلۈك ئەھدە»دە بىزگە مۇيەسسەر قىلغان چەكسىز شاپائەتنىڭ كۆپ ئىز-دەلىللىرىنى تاپقۇچى بولىدۇ.

ئىنجىل 20-قىسىم

# «ياقۇپ»

## (روسۇل ياقۇپ يازغان مەكتۇپ)

## كىرىش سۆز

ئىشىنىمىزكى، ئۇشبۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى رەببىمىز ئەيسانىڭ بىر قورساق ئىنىسى ياقۇپ ئىدى. بۇ كۆزقارىشىمىزغا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىرنەچچە سەۋەبلەرنى كۆرسىتىمىز.

ئۇشبۇ خەتنىڭ يېزىلىش ئوبكتى كىم؟ روسۇل خەتنى «تارقاق مۇھاجىرلار»غا يازىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار كىملەر؟

### «تارقاق تۇرۇۋاتقان مۇھاجىرلار»

ئاسۇرىيەنىڭ ۋە كېيىنكى بابىل ئىمپېرىيەسىدىن باشلاپ، ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ كەتكەنىدى. پارس ئىمپېرىيەسى بۇ يەھۇدىي مۇھاجىرلارنىڭ ئۆز يۇرتى پەلەستىنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلغانىدى. ھالبۇكى، پەقەت ئاز بىر قىسمىلا ۋەتىنىگە قايتتى ــ ئۇلار «خەلقىنىڭ قالدىسى» ياكى «خۇدانىڭ قالدىسى»، بەزىدە پەقەت «قالدى» دەپ ئاتالدى («يەش.» 10:20-22نى كۆرۈڭ). قايتمىغان كۆپ قىسمى «تارقاق مۇھاجىرلار» (گرېك تىلىدا «دىئاسپورا») دەپ ئاتىلاتتى.

دېمەك، ياقۇپ ئۇشبۇ خەتنى بۇ يەھۇدىي مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى ئېتىقادچىلارغا يازغان. خەت يەھۇدىي ئىشەنگۈچىلەرگە، شۇنداقلا يەھۇدىي جامائەتلەرگە يېزىلغان بولسىمۇ، سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي ئەمەس («يات ئەللىكلەر»دىن ياكى «يات تائىپىلەر»دىن) باشقا ئېتىقادچىلارغىمۇ ئوخشاش ئىناۋەتلىكتۇر. چۈنكى ئەيسا مەسىھنىڭ جامائىتىدە تۆپ جەھەتتىن «يەھۇدىي» ياكى «يەھۇدىي ئەمەس» دېگەن پەرق زادى مەۋجۇد ئەمەس («گال.» 28:3 — «مەسىھدە نە يەھۇدىي بولمايدۇ نە گرېكلەر (يەھۇدىي ئەمەسلەر، دېمەك) بولمايدۇ»). ئەمما بىز بەلكىم ياقۇپ نېمىشقا ئۇشبۇ خەتنى ئالاھىدە يەھۇدىي ئېتىقادچىلارغا يازدۇ، دەپ سورىشىمىز مۇمكىن. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە خەتنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى توغرۇلۇق توختىلىمىز. بىراق، خەتنىڭ مۇھىم تېمىسى بولسا ئېتىقادتا ئالدىنىپ كەتمەسلىكتە قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش ھەمدە شۇنداقلا ھەقىقىي ئېتىقادنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت. دانا بىر ئالىمنىڭ ئېيتقىنىدەك: «مۇقەددەس كىتاب دەرسلىك كىتاب ئەمەس، بەلكى ئادەملەرگە ئاق-قارىنى پەرقلەندۈرگۈزىدىغان كىتابتۇر» — دېمەك، مۇقەددەس كىتاب بىزنىڭ مەسىھنىڭ ھەقىقىي ئېتىقادىدا بولغان-بولمىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئادەمدە ھەقىقىي ئېتىقاد بولسا، بۇنداق ئېتىقاد مەزكۇر ئادەمنى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خۇداغا تاپشۇرۇشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭدىنلا كەلگەن دانالىق بىلەن ياشاشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنداق ئېتىقاد دائىم مېۋىلىرىدە كۆرۈنىدۇ؛ مېۋىسىز ئېتىقاد ھەقىقىي ئېتىقاد ئەمەستۇر. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنداق مېۋىسىز ئېتىقاد باشقىلارنى ئالداش بولمىغاندىمۇ، ئۆز-ئۆزىنى ئالداش بولۇپ، دوزاخقا بارىدىغان نۇرغۇن يوللاردىن بىرىدۇر.

ئۇشبۇ مەكتۇپ بەلكىم مىلادىيە 63-يىللىرىدا يېزىلغان.

## مەزمۇن: ـ

1. سىنىلىش؛ دانالىق ۋە ئازدۇرۇلۇش (1ـباب، 1ـ18ـئايەتلەر)
2. ئاڭلاش ۋە ئىجرا قىلىش (1ـباب، 19ـ27ـئايەتلەر)
3. خۇدا ئالدىدا ئىنسانغا يۈز-خاتىرە قىلماسلىق (2ـباب 1ـ 13ـئايەتلەر)
4. ئېتىقاد ۋە ئەمەلىيەت (2ـباب 14ـ26ـئايەتلەر)
5. تىلنى تىزگىنلەش (3ـباب)
6. بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار (4ـبابتىن 5ـباب 6ـئايەتكىچە)
7. سەۋرچان بولۇش ۋە دۇئا قىلىش (5ـباب 7ـ20ـئايەتلەر)

# ياقۇپ

## «روسۇل ياقۇپ يازغان مەكتۇپ»

1 [1]خۇدانىڭ ۋە رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى بولغان مەنكى
ياقۇپتىن تارقاق تۇرۇۋاتقان مۇھاجىر ئون ئىككى قەبىلىگە
سالام!

## ئېتىقاد ۋە سىناق

[2]ئى قېرىنداشلىرىم، ھەرقانداق سىناقلارغا دۇچ كەلسەڭلار،
بۇنى زور خۇشاللىق دەپ بىلىڭلار. [3]چۈنكى سىلەرگە مەلۇمكى،
بۇنداق ئېتىقادىڭلارنىڭ سىنىلىشى سىلەردە سەۋر-چىداملىق
شەكىللەندۈرىدۇ؛ [4]سەۋر-چىداملىقنىڭ خىسلىتى قەلبىڭلاردا
تۈرۈپ شۇنداق پىشىپ يېتىلسۇنكى، شۇنىڭ بىلەن سىلەر پىشقان،
مۇكەممەل ۋە كەم-كۈتىسىز بولىسىلەر. [5]بىراق ئەگەر ئاراڭلاردىكى
بىرسى دانالىققا موھتاج بولسا، ھەممىگە سېخىيلىق بىلەن
بېرىدىغان شۇنداقلا ئەيىبلىمەيدىغان خۇدادىن تىلىسۇن. شۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭغا چوقۇم ئاتا قىلىنىدۇ.

---

1:1 **«خۇدانىڭ ۋە رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى بولغان مەنكى ياقۇپ...»** ــ ياقۇپ مۇشۇ سۆزلىرىدە ئۆزىنى «روسۇل» دەپ ئاتىمايدۇ. لېكىن «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە كۆرسىتىمىزكى، ئۇ ھەقىقەتەن بىر روسۇل، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇشبۇ خېتىنى «روسۇللۇق ھوقۇق» بىلەن يېزىلغان، دەپ ئىشىنىمىز. خەت يەھۇدىي بولغان ئېتىقادچىلارغا يېزىلغان، ئەلۋەتتە. «تارقاق مۇھاجىر ئون ئىككى قەبىلە» توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
—«قۇل» دېگەن ئۇقۇم توغرۇلۇق «تەبىرلەر»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**1:1** روس. 1:8؛ 1پېت. 1:1.

**2:1** مات. 11:5؛ رىم. 3:5؛ 1پېت. 6:1.

**3:1** رىم. 3:5؛ 1پېت. 7:1.

**5:1** پەند. 3:2؛ يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ يـۇھ. 24:16؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5.

[6]بىراق ئۇ ھېچ دىلغۇل بولماي ئىشەنچ بىلەن تىلىسۇن؛ چۈنكى
دىلغۇل كىشى خۇددى شامالدا ئۇرۇلۇپ ئۇيان-بۇيان يەلپۈنگەن
دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشايدۇ. [7]ئۇنداق كىشى رەبدىن بىرەر نەرسىگە
ئېرىشىمەن، دەپ ھېچ خىيال قىلمىسۇن؛ [8]ئۇنداقلار ئۇچمە كۆڭۈل
بولۇپ، بارلىق يوللىرىدا تۇتامى يوق ئادەمدۇر.

## نامراتلىق ۋە بايلىق

[10-9]نامرات بولغان قېرىنداش ئۆزىنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىگە
تەنتەنە قىلسۇن؛ باي بولغان قېرىنداش بولسا، ئۆزىنىڭ تۆۋەن
قىلىنغانلىقىغا تەنتەنە قىلسۇن، چۈنكى ئۇ ئوت-چۆپلەرنىڭ
چېچەكلىرىدەك تورۇپ كېتىدۇ. [11]قۇياش چىقىپ قىزىغاندا،
ئوت-چۆپلەرنى قۇرۇتىدۇ، گۈللىرى تورۇپ كېتىدۇ-دە، ئۇنىڭ
گۈزەللىكى يوقىلىدۇ؛ باي ئادەملەر خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆز
ھەلەكچىلىكىدە يوقىلىدۇ.

## سىنلىش ۋە ئازدۇرۇلۇش

[12]سىناقلارغا سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بەرگەن كىشى نەقەدەر
بەختلىك-ھە! چۈنكى ئۇ سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، خۇدا ئۆزىنى

10-9:1 **«نامرات بولغان قېرىنداش ئۆزىنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلسۇن»** — «ئۆزىنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنلىكى» — دېمەك، بىرسى مەسىھكە ئېتىقاد باغلىسىلا، مەيلى قانچىلىك نامرات بولسۇن خۇداغا يېقىن بولغان ئالىيجاناب، ئىنتايىن ئىمتىيازلىق ئورۇن ھەم مۇناسىۋەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. **«باي بولغان قېرىنداش بولسا، ئۆزىنىڭ تۆۋەن قىلىنغانلىقىغا تەنتەنە قىلسۇن، چۈنكى ئۇ ئوت-چۆپلەرنىڭ چېچەكلىرىدەك تورۇپ كېتىدۇ»** — باي ئادەم ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئېتىقاد باغلىغىنىدا ئۆزىنىڭ بارلىق بايلىقلىرىنى خۇدا ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس دەپ بىلىپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتمىسا، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلمەيدۇ. «باي ئادەمنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشى تۆگىنىڭ يىڭنىنىڭ كۆزىدىن ئۆتۈشىدىنمۇ تەس» («مات.» 24:19).

**11:1** يەش. 6:40، 7؛ 1كور. 31:7؛ ياق. 14:4؛ 1پېت. 24:1؛ 1يۇھ. 17:2.

سۆيگەنلەرگە ۋەدە قىلغان ھايات تاجىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. [13] ئادەم
ئازدۇرۇلۇشقا دۇچ كەلگەندە «خۇدا مېنى ئازدۇرۇۋاتىدۇ» دېمىسۇن.
چۈنكى خۇدا يامان ئىشلار بىلەن ئازدۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ھەم
باشقىلارنى ئازدۇرمايدۇ. [14] بەلكى بىرسى ئازدۇرۇلغاندا، ئۆز ھەۋەس-
نەپسى قوزغىلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرگەن بولىدۇ؛ [15] ئاندىن ھەۋەس-
نەپس ھامىلىدار بولۇپ گۇناھنى تۇغىدۇ؛ گۇناھ ئۆسۈپ يېتىلىپ،
ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ.
[16] شۇڭا سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، ئالدىنىپ قالماڭلار! [17] بارلىق
يۈكسەك سېخىيلىق ۋە ھەربىر مۇكەممەل ئىلتىپات يۇقىرىدىن،
يەنى ئاسماندىكى بارلىق يورۇقلۇقلارنىڭ ئاتىسىدىن چۈشۈپ
كېلىدۇ؛ ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ ياكى ئۇنىڭدا
«ئايلىنىش» بىلەن ھاسىل بولىدىغان كۆلەڭگىلەرمۇ بولمايدۇ.
[18] ئۇ بىزنى ئۆزى ياراتقان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە
دەسلەپ پىشقان مېۋىدەك بولسۇن دەپ، ئۆز ئىرادىسى بويىچە

---

12:1 **«خۇدا ئۆزىنى سۆيگەنلەرگە ۋەدە قىلغان ھايات تاجىغا مۇيەسسەر بولىدۇ» —** مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا «خۇدا» پەقەت «ئۇ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**12:1** ئايۇپ 17:5؛ مات. 22:10؛ 28:19، 29؛ 2تىم. 8:4؛ 1پېت. 4:5؛ ۋەھ. 10:2.

17:1 **«بارلىق يۈكسەك سېخىيلىق ۋە ھەربىر مۇكەممەل ئىلتىپات يۇقىرىدىن، يەنى ئاسماندىكى بارلىق يورۇقلۇقلارنىڭ ئاتىسىدىن چۈشۈپ كېلىدۇ؛ ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ ياكى ئۇنىڭدا «ئايلىنىش» بىلەن ھاسىل بولىدىغان كۆلەڭگىلەرمۇ بولمايدۇ» —** «پۈتكۈل يورۇقلۇقلارنىڭ ئاتىسى» دېگەنلىك ئىبارە بەلكىم ھەم خۇدانىڭ بارلىق قۇياش-يۇلتۇزلارنىڭ ياراتقۇچىسى ھەم شۇنداقلا پەرىشتىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. مۇقەددەس كىتابتا پەرىشتىلەرنىڭ دائىم يۇلتۇزلار بىلەن مۇناسىۋەتتى بار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ (مەسىلەن، «ئايۇپ» 7:38، «زەب.» 4:147نى كۆرۈڭ).

— (1) خۇدا ھەردائىم بىزدىن يۇقىرىدا تۇرىدۇ؛ (2) خۇدا ھەردائىم بىزگە ھەم جىسمانىي ھەم روھىي يورۇقلۇق بېرىدۇ؛ (3) قۇياش ئايلىنىشى ياكى قايرىلىشى بىلەن كۆلەڭگە ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما خۇدادا كۆلەڭگە ياكى قاراڭغۇلۇق دېگەن مەۋجۇت ئەمەس؛ ئۇ ھېچ «ئايلانماي»، ھېچ ئۆزگەرمەي ھەردائىم چۈشتىكى قۇياشتەك دەل ئۈستىمىزدە تۇرۇپ كۈچلۈك نۇرىنى ۋە ئىلتىپاتلىرىنى (17-ئايەت) ئۈستىمىزگە سېخىيلىق بىلەن چاچىدۇ.

**17:1** يەند. 6:2؛ يەش. 27:14؛ 10:46؛ مال. 6:3؛ رىم. 29:11؛ 1كور. 7:4.

بىزنى ھەقىقەتنىڭ سۆز-كالامى ئارقىلىق تۇغدۇردى.

## ئاڭلاش ۋە ئىجرا قىلىش

[19] شۇنىڭ بىلەن، ئى سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، ھەر ئادەم
ئاڭلاشقا تېز تەييار تۇرسۇن، سۆزلەشكە ئالدىرىمىسۇن،
غەزەپلىنىشكە ئالدىرىمىسۇن. [20] چۈنكى ئىنساننىڭ غەزىپى
خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ. [21] شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق
ئىپلاسلىقلارنى ۋە قىنىغلارغا پاتمايۋاتقان رەزىللىكنى تاشلاڭلار،
قەلبىڭلاردا يىلتىز تارتقۇزۇلغان، سىلەرنى قۇتقۇزالايدىغان سۆز-
كالامنى كەمتەرلىك-مۆمىنلىك بىلەن قوبۇل قىلىڭلار.

---

18:1 **«ئۇ بىزنى ئۆزى ياراتقان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە دەسلەپ پىشقان مېۋىدەك بولسۇن دەپ،...»** — «دەسلەپ پىشقان مېۋە»، ئەڭ بۇرۇن ئېلىنغان ھوسۇل بولسا، خۇداغا ئالاھىتەن ئاتىلاتتى. دېمەك، پۈتكۈل كائىنات خۇداغا بويسۇنىدۇ ۋە تەۋە بولىدۇ؛ لېكىن كائىناتنىڭ ئىچىدە مەسىھكە ئېتىقاد باغلىغۇچىلار «دەسلەپ پىشقان مېۋە» سۈپىتىدە بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا بېقىنىپ تەۋە بولۇپ، «ھەقىقىي، روھىي» سەجدە قىلىدۇ. **«... ئۆز ئىرادىسى بويىچە بىزنى ھەقىقەتنىڭ سۆز-كالامى ئارقىلىق تۇغدۇردى»** — مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ بۇ «تۇغدۇرۇش»ى جىسمانىي ھايات ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھدىن تۇغدۇرغانلىقىنى، يەنى روھىي ھاياتقا، مەڭگۈلۈك ھاياتقا تۇغدۇرۇپ ئېرىشتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
—«دەسلەپ پىشقان مېۋىسى» ياكى «تۇنجى ھوسۇل مېۋىسى» خۇداغا ئالاھىدە ئاتىلاتتى («يار.» 3:49، «چۆل.» 3:18، «قان.» 18:1-4، «2تار.» 5:31نى كۆرۈڭ).

**18:1** 1كور. 15:4؛ گال. 19:4؛ 1پېت. 23:1.

**19:1** پەند. 27:17؛ توپ. 1:5.

20:1 **«چۈنكى ئىنساننىڭ غەزىپى خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ»** — «خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى»: (1) خۇدانىڭ ھەققانىي ئۆلچىمى؛ (2) خۇدا ئالدىدا ئادىل ياكى ھەققانىي بولغان ئىشلار؛ (3) خۇدا ئىنساننىڭ ئېتىقادى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان ھەققانىيلىقنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە «خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى» (3)نى كۆرسىتىدۇ؛ چۈنكى خۇدانىڭ ئۆزى ئاتا قىلغان ھەققانىيلىقى بولمىسا، ئىنسانلار ئارىسىدا ھەرقانداق باشقا ئادىللىق ياكى ھەققانىيلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

21:1 **«...سىلەرنى قۇتقۇزالايدىغان سۆز-كالامنى كەمتەرلىك-مۆمىنلىك بىلەن قوبۇل قىلىڭلار»** — «سىلەرنى» گرېك تىلىدا «جېنىڭلارنى».

**21:1** رىم. 12:13؛ كول. 8:3.

**[22] ئەمما ئۆز-ئۆزۈڭلارنى ئالداپ پەقەت سۆز-كالامنى ئاڭلىغۇچىلاردىن
بولماڭلار، بەلكى ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلاردىن بولۇڭلار. [23-24] چۈنكى
بىرسى سۆز-كالامنى ئاڭلاپ قويۇپلا، ئۇنى ئىجرا قىلمىسا، ئۇ خۇددى
ئەينەكتە ئۆزىنىڭ ئەينى قىياپىتىگە قاراپ قويۇپ، كېتىپ قالغان
كىشىگە ئوخشايدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئۆز تۇرقىغا قاراپ بولۇپ، چىقىپلا،
شۇ هامان ئۆزىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇيدۇ. [25] لېكىن ئاشۇ
كىشىلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان مۇكەممەل قانۇنغا
ئەستايىدىللىق بىلەن داۋاملىق قاراپ، ئۇنتۇغاق ئاڭلىغۇچى
بولماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە ياشاپ ئىجرا قىلغۇچى بولغان كىشى
ئىشلىرىدا بەختلىك قىلىنىدۇ.
[26] بىرسى ئۆزىنى ئىخلاسمەن ئادەممەن دەپ هېسابلىغان، لېكىن
تىلىنى تىزگىنلىمىگەن بولسا، ئۆزىنى ئۆزى ئالدايدۇ؛ بۇنداق
كىشىنىڭ ئىخلاسمەنلىكى بىهۇدىلىكتۇر. [27] خۇدائاتىمىزنىڭ
نەزىرىدىكى پاك ۋە داغسىز ئىخلاسمەنلىك شۇكى، قىيىنچىلىقتا**

---

**22:1** مات. 21:7؛ لۇقا 28:11؛ رىم. 13:2؛ 1يۇھ. 7:3.

**23:1-24 «چۈنكى بىرسى سۆز-كالامنى ئاڭلاپ قويۇپلا، ئۇنى ئىجرا قىلمىسا، ئۇ خۇددى ئەينەكتە ئۆزىنىڭ ئەينى قىياپىتىگە قاراپ قويۇپ، كېتىپ قالغان كىشىگە ئوخشايدۇ؛ چۈنكى ئۇ ئۆز تۇرقىغا قاراپ بولۇپ، چىقىپلا، شۇ هامان ئۆزىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇيدۇ»** ــ بۇ ئادەمنىڭ «**ئەينى** قىياپىتىگە قاراش»ى بەلكىم ئۆزىگە يۈزىدە داغ-نۇقسان بولغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك ــ دېمەك، خۇدانىڭ سۆزىگە قارىسا ئۆز گۇناھىنى كۆرىدۇ؛ لېكىن كۆڭلىنى تېزلا باشقا ئىشقا بۇلۇشى بىلەن گۇناھىنى ئۇنتۇيدۇ.

**23:1-24** لۇقا 47:6.

**25:1 «ئاشۇ كىشىلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان مۇكەممەل قانۇنغا ئەستايىدىللىق بىلەن داۋاملىق قاراپ...»** ــ «ئادەمنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان قانۇن» گرېك تىلىدا «ئەركىنلىكنىڭ قانۇنى». دېمەك، يېڭى ئەھدە، يەنى خۇش خەۋەر. «ئەركىنلىك» ــ ئادەمنى گۇناھ ۋە ئۆز گۇناھلىق تەبىئىتى، ئۆلۈم ۋە دوزاختىن ئازاد قىلىدىغان ئەركىنلىك، ئەلۋەتتە.

**25:1** مات. 19:5.

**26:1** زەب. 13:34؛ ياق. 6:3؛ 1پېت. 10:3.

قالغان يېتىم-يېسىر، تۇل خوتۇنلارنى يوقلاپ، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۆزىنى بۇ دۇنيانىڭ بۇلغىشىدىن داغسىز ساقلاشتۇر.

## ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش

2
[1] قېرىنداشلىرىم، شان-شەرەپ ئىگىسى بولغان رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقاد يولىنى تۇتقانىكەنسىلەر، ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغانلاردىن بولماڭلار. [2] چۈنكى سىناگوگۇڭلارغا ئالتۇن ئۈزۈك تاقىغان، ئېسىل كىيىنگەن بىر باي بىلەن تەڭ جۇل-جۇل كىيىنگەن بىر كەمبەغەل كىرسە، [3] سىلەر ئېسىل كىيىنگەننى ئەتىۋارلاپ «تۆرگە چىقىپ ئولتۇرسىلا!» دېسەڭلار، كەمبەغەلگە، «ئۇ يەردە تۇر!» ياكى «ئاياغ تەرىپىمدە ئولتۇر!» دېسەڭلار، [4] ئۆزئارا ئايرىمچىلىق قىلغان ۋە ئىنسانلار ئۈستىدىن يامان نىيەت ھۆكۈم چىقارغۇچىلاردىن بولغان بولمامسىلەر؟!

27:1 **«خۇدائاتىمىزنىڭ نەزىرىدىكى پاك ۋە داغسىز ئىخلاسمەنلىك شۇكى، قىيىنچىلىقتا قالغان يېتىم-يېسىر، تۇل خوتۇنلارنى يوقلاپ،...»** — گرېك تىلىدا مۇشۇ «يوقلاش» دېگەن پېئىلنىڭ ئۆزى غەمخورلۇق قىلىش، ئىنسانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزنى مۇشۇ يەردە ھەم «يوقلاش» ھەم «غەمخورلۇق قىلىش» دەپ تەرجىمە قىلدۇق
1:2 **«شان-شەرەپ ئىگىسى بولغان رەببىمىز ئەيسا مەسىھ»** — «شان-شەرەپ ئىگىسى بولغان» گرېك تىلىدا «ئۇلۇغلۇقنىڭ ئۆزى بولغان» ياكى «(خۇدانىڭ) ئۇلۇغلۇقنىڭ ئۆزى بولغان». شان-شەرەپنىڭ ئىگىسىنىڭ ئالدىدا بولساق، باي-نامراتلىق دېگەندەك پەرقلەرنىڭ ئەھمىيىتى يوق بولۇپ كېتىدۇ.
**1:2** لاۋ. 15:19؛ قان. 19:16؛ پەند. 23:24؛ مات. 16:22.
2:2 **«... سىناگوگۇڭلارغا ئالتۇن ئۈزۈك تاقىغان، ئېسىل كىيىنگەن بىر باي بىلەن تەڭ جۇل-جۇل كىيىنگەن بىر كەمبەغەل كىرسە،...»** — «تەبرىلەر»دىكى «سىناگوگ» توغرۇلۇق مەزمۇننى كۆرۈڭلار. مۇشۇ يەردە ئېتىقادچى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ مەخسۇس يىغىلىش ئىبادەت سورۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
3:2 **«سىلەر ئېسىل كىيىنگەننى ئەتىۋارلاپ «تۆرگە چىقىپ ئولتۇرسىلا!» دېسەڭلار، كەمبەغەلگە، «ئۇ يەردە تۇر!» ياكى «ئاياغ تەرىپىمدە ئولتۇر!» دېسەڭلار، ...»** — «ئاياغ تەرىپىمدە» گرېك تىلىدا «تەختىپەرىم تۈۋىدە» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

5 قۇلاق سېلىڭلار، ئى سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم ـ خۇدا بۇ دۇنيادىكى
كەمبەغەللەرنى ئېتىقادتا باي بولۇش ھەمدە ئۇلارنى ئۆزىنى
سۆيگەنلەرگە بېرىشكە ۋەدە قىلغان پادىشاھلىقىغا مىراسخور
بولۇشقا تاللىغان ئەمەسمۇ؟ 6 بىراق سىلەر كەمبەغەللەرنى كۆزگە
ئىلمىدىڭلار! بايلار سىلەرنى ئەزگەن ۋە سوت-سوراقلارغا سۆرىگەن
ئەمەسمۇ؟ 7 ئۇستۇڭلارغا قويۇلغان ئاشۇ مۇبارەك نامغا كۇپۇرلۇق
قىلىۋاتقانلار يەنە شۇ بايلار ئەمەسمۇ؟
8 مۇقەددەس يازمىلاردىكى «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك
سۆي» دېگەن شاھانە قانۇنغا ھەقىقىي ئەمەل قىلساڭلار،
ياخشى قىلغان بولىسىلەر. 9 لېكىن كىشىلەرگە ئىككى
خىل كۆز بىلەن قارىساڭلار، گۇناھ قىلغان بولىسىلەر، تەۋرات
قانۇنى تەرىپىدىن خىلاپلىق قىلغۇچىلار دەپ بېكىتىلىسىلەر.

---

**5:2** مىس. 6:20؛ 1سام. 30:2؛ پەند. 17:8؛ مات. 3:5؛ يۇھ. 48:7؛ 1كور. 1:26-29.

7:2 **«ئۇستۇڭلارغا قويۇلغان ئاشۇ مۇبارەك نامغا كۇپۇرلۇق قىلىۋاتقانلار يەنە شۇ بايلار ئەمەسمۇ؟»** ــ «ئۇستۇڭلارغا قويۇلغان ئاشۇ مۇبارەك نام»: ــ ئادەم ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد باغلىغان بولسا، خۇدا ئالدىدا مەسىھ ئەيسانىڭ نامى شۇ كىشىنىڭ ئۇستىگە قويۇلغان بولىدۇ. دېمەك، ئۇ مەسىھكە مەنسۇپ، خۇدا ئۇ كىشىنى «مېنىڭكى»، «مەسىھنىڭ ئادىمى» دەپ ئۆز نامىنى مۇشۇ كىشىنىڭ «ئۇستىگە قويۇش»تىن باش تارتمايدۇ. تەۋرات، «2تار.» 7:14، «ئام.» 9:11-12، «يەش.» 63:19، «يەر.» 14:9، 15:16، «دان.» 9:19، «روس.» 15:17نى كۆرۈڭ).

8:2 **«مۇقەددەس يازمىلاردىكى «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي» دېگەن شاھانە قانۇنغا ھەقىقىي ئەمەل قىلساڭلار...»** ــ «شاھانە قانۇن» دېگەن بۇ ئىنتايىن قىزىق ئىبارە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

**8:2** لاۋ. 19:18؛ مات. 22:39؛ مار. 12:31؛ رىم. 13:9؛ گال. 5:14؛ ئەف. 5:2؛ 1تىس. 4:9.

9:2 **«لېكىن كىشىلەرگە ئىككى خىل كۆز بىلەن قارىساڭلار، گۇناھ قىلغان بولىسىلەر، تەۋرات قانۇنى تەرىپىدىن خىلاپلىق قىلغۇچىلار دەپ بېكىتىلىسىلەر»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە شۇ ئىش ئايانكى، يەھۇدىي قېرىنداشلار تەۋرات قانۇنىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇلارنىڭ شۇ بىلىمدىن تەكەببۇرلىشىپ كېتىش خەۋپى باردۇر. لېكىن روسۇل ياقۇپ ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرىدۇكى، تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلاي دېسەڭ، ئەمدى ئىنسانغا بولغان مۇئامىلىمىگە قارىتىلغان ئەمرلەر ئىچىدە «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي» دېگەن ئەمر ئەڭ قاتتىق تەلەپتۇر، «ئىككى خىل كۆز بىلەن قاراش» شۇ ئەمرگە خىلاپ.
—پەقەت «ئادەمنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگەن قانۇن»نى، يەنى «يېڭى ئەھدە»نى (1:25،

**10 چۈنكى بىر كىشى پۈتۈن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلدىم دەپ**
**تۇرۇپ، ھەتتا ئۇنىڭدىكى بىرلا ئەمرگە خىلاپلىق قىلسا،**
**ئۇ پۈتۈن قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ.**
**11 چۈنكى: «زىنا قىلما» دېگۈچى ھەم «قاتىللىق قىلما»مۇ**
**دېگەن. شۇڭا، زىنا قىلمىساڭلارمۇ، لېكىن قاتىللىق قىلغان**
**بولساڭلار، يەنىلا پۈتۈن تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان**
**بىلەن باراۋەر بولىسىلەر. 12 شۇڭا سۆز-ئەمەللىرىڭلار**
**ئادەمنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان قانۇن ئالدىدا سوراق**
**قىلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن بولسۇن. 13 چۈنكى**
**باشقىلارغا رەھىم قىلمىغانلارنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىدىغان ھۆكۈم**
**رەھىمسىز بولىدۇ.**

---

12:2-ئايەتلەر) ئۆزىنىڭكى قىلغان كىشى شۇ ئەمرگە ئەمەل قىلالايدۇ؛ **ئاشۇ** قانۇندا (يېڭى ئەھدە، دېمەك) تەكەببۇرلىشىش دېگەن ئىش قەتئىي يوقتۇر.

10:2 **«چۈنكى بىر كىشى پۈتۈن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلدىم دەپ تۇرۇپ، ھەتتا ئۇنىڭدىكى بىرلا ئەمرگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇ پۈتۈن قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ»** — بۇ بايان بەلكىم ئوقۇرمەنلەرگە ھەيران قالارلىق ئىش بولىدۇ. «گال.» 10:3دە مۇنداق دېيىلىدۇ — «لېكىن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىمىز دەپ يۈرگەنلەر بولسا ھەممىسى لەنەتكە قالىدۇ. چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان: «تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغان ھەممە ئەمرلەرگە ئۈزلۈكسىز ئەمەل قىلمايۋاتقان ھەربىر كىشى لەنەتكە قالىدۇ»». چۈنكى خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئادىل، مۇقەددەس تەلىپى ئىنسانلارنىڭ تولۇق پاك-مۇقەددەس بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. خۇدانىڭ تەلىپىگە ئەمەل قىلىشىدا «100%»تىن تۆۋەن بولسا بولمايدۇ. شۇڭا، خۇدا بىزنى ئاۋۋال قۇتقۇزمىسا ئۇنى ھېچ خۇرسەن قىلالمايمىز.

**10:2** قان. 26:27؛ مات. 19:5؛ گال. 10:3.

11:2 **««زىنا قىلما» دېگۈچى ھەم «قاتىللىق قىلما»مۇ دېگەن...»** — ««زىنا قىلما» دېگۈچى» خۇدا ئۆزى، ئەلۋەتتە.

**11:2** مىس. 14:20، 13؛ قان. 17:5، 18؛ مات. 27:5.

12:2 **«شۇڭا سۆز-ئەمەللىرىڭلار ئادەمنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان قانۇن ئالدىدا سوراق قىلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن بولسۇن»** — 25:1نى كۆرۈڭ. «ئادەمنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان قانۇن» — گرېك تىلىدا «ئەركىنلىكنىڭ قانۇنى». دېمەك، يېڭى ئەھدە، يەنى خۇش خەۋەر. «ئەركىنلىك» — ئادەمنى گۇناھ ۋە ئۆز گۇناھلىق تەبىئىتى، ئۆلۈم ۋە دوزاختىن ئازاد قىلىدىغان ئەركىنلىك، ئەلۋەتتە.

ئەمدى «رەھىم قىلىش» «ھۆكۈم چىقىرىش»نىڭ ئۈستىدىن
غەلىبە قىلىپ تەنتەنە قىلىدۇ.

## ئېتىقاد ۋە ئەمەلىيەت

14ئى قېرىنداشلىرىم! بىرسى ئاغزىدا، «مەندە ئېتىقاد بار» دەپ
تۇرۇپ، ئەمما ئۇنىڭدا مۇناسىپ ئەمەللىرى بولمىسا، ئۇنىڭ نېمە
پايدىسى؟ بۇنداق ئېتىقاد ئۇنى قۇتقۇزالامدۇ؟ 15-16ئەمدى ئەگەر ئاكا-
ئۇكا ياكى ئاچا-سىڭىللاردىن بىرى يالىڭاچ قالسا ياكى كۈندىلىك
يېمەكلىكى كەم بولسا، سىلەردىن بىرى ئۇلارغا: «خۇداغا ئامانەت،
كىيىمىڭلار پۈتۈن، قورسىقىڭلار توق قىلىنغاي!» دەپ قويۇپلا،
تېنىنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ 17شۇنىڭغا
ئوخشاش يالغۇز ئېتىقادلا بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەللىرى
بولمىسا، بۇنداق ئېتىقاد ئۆلۈك ئېتىقادتۇر. 18لېكىن بەزىبىر ئادەملەر:
«سەندە ئېتىقاد بار، مەندە بولسا ئەمەل بار» دەپ تالىشىدۇ. لېكىن
مەن: «ئەمەلسىز بولغان ئېتىقادىڭنى ماڭا كۆرسىتە قېنى؟!»،
«مەن ئېتىقادىمنى ئەمەللەر بىلەن كۆرسىتىمەن» دەيمەن. 19— سەن

13:2 **«چۈنكى باشقىلارغا رەھىم قىلمىغانلارنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىدىغان ھۆكۈم رەھىمسىز بولىدۇ. ئەمدى «رەھىم قىلىش» «ھۆكۈم چىقىرىش»نىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ تەنتەنە قىلىدۇ»** — ««رەھىم قىلىش» «ھۆكۈم چىقىرىش»نىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ تەنتەنە قىلىدۇ». تەۋرات دەۋرىدە «كۆزگە كۆز، چىشقا چىش» دېگەن قانۇن ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ ئادىللىق، ئەلۋەتتە. براق تەۋراتتىكى ئادىل قانۇن بويىچە ھەممىمىز دوزاخقا چۈشىشىمىز كېرەك! ئەمدى ئىنجىل دەۋرى كەلدى، ئەيسا مەسىھ ئۆزى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى؛ خۇدا شۇنىڭ بىلەن بىزگە رەھىمدىللىق كۆرسىتىش يولىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن «رەھىمدىللىق» «ھۆكۈم چىقىرىش»نىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ تەنتەنە قىلىدۇ» ۋە بىز خۇداغا ئەگىشىپ باشقىلارغا رەھىم كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

**13:2** مات. 15:6؛ 35:18؛ مار. 25:11؛ لۇقا 25:16.

**14:2** مات. 26:7؛ ياق. 23:1.

**16-15:2** لۇقا 11:3؛ 1يۇھ. 17:3.

18:2 **«لېكىن بەزىبىر ئادەملەر: «سەندە ئېتىقاد بار، مەندە بولسا ئەمەل بار» دەپ تالىشىدۇ»** — ««سەندە ئېتىقاد بار، مەندە بولسا ئەمەل بار» دېگۈچى بەلكىم «بەزىلەردە ئېتىقاد

**«خۇدا بىر» دەپ ئىشىنىسەن ــ بارىكاللا! لېكىن ھەتتا جىنلارمۇ**
**شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، شۇنداقلا قورقۇپ دىر-دىر تىترەيدىغۇ! [20] ئەي،**
**قۇرۇق خىيال ئادەم! ئەمەللىرى يوق ئېتىقادنىڭ ئۆلۈك ئېتىقاد**
**ئىكەنلىكىنى قاچانمۇ بىلەرسەن؟ [21] ئاتىمىز ئىبراھىم ئۆز ئوغلى**
**ئىسھاقنى قۇربانگاھ ئۈستىگە سۇنغاندا ئۆز ئەمىلى ئارقىلىق**
**ھەققانىي دەپ جاكارلانغان ئەمەسمۇ؟ [22] ئەمدى شۇنى كۆرۈۋېلىشقا**
**بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئېتىقادى مۇناسىپ ئەمەللەرنى قىلدى ۋە ئېتىقادى**
**ئەمەللەر ئارقىلىق مۇكەممەل قىلىندى. [23] مانا بۇ ئىش تەۋراتتىكى:**
**«ئىبراھىم خۇداغا ئېتىقاد قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى**
**ھېسابلاندى» دېگەن يازمىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا ئۇ «خۇدانىڭ**

---

بار، بەزىلەردە ئەمەللەر بار. ئىككىلىسى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەندەك مەنىنى كۆتسەتمەكچى بولۇشى مۇمكىن. 18-ئايەتتىكى قالغان سۆزلەر ۋە 19-22-ئايەتلەر بەلكىم ياقۇپنىڭ بۇنىڭغا بولغان رەددىيە جاۋابى بولالايدۇ. **«لېكىن مەن: «ئەمەلسىز بولغان ئېتىقادىڭنى ماڭا كۆرسىتە قېنى؟!» ... دەيمەن»** ــ بۇ سۆز ئىنتايىن كىنايىلىك گەپ، ئەلۋەتتە. ئادەمنىڭ ئەمەللىرى ياكى ھەرىكەتلىرى بولمىسا ئۇنىڭدا نېمە ئېتىقاد، نېمە پوزىتسىيە ياكى نېمە پىكىر بار بولغانلىقىنى بىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

19:2 **«ــ سەن «خۇدا بىر» دەپ ئىشىنىسەن ــ بارىكاللا! لېكىن ھەتتا جىنلارمۇ شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، شۇنداقلا قورقۇپ دىر-دىر تىترەيدىغۇ!»** ــ ياقۇپنىڭ بۇ گېپى ئىنتايىن كىنايىلىك گەپتۇر. ھەتتا جىن-شەيتانلارنىڭ «ئېتىقادى»دىن ئەمەل-ھەرىكەتلەر چىقىدۇ (ئۇلار دىر-دىر تىترەيدۇ!). جىن-شەيتانلار خۇدانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ «بىر بولغانلىقى»غا ئىشىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمايدۇ (تايانمايدۇ)، ئەلۋەتتە.

20:2 **«ئەمەللىرى يوق ئېتىقادنىڭ ئۆلۈك ئېتىقاد ئىكەنلىكى...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئەمەللىرى يوق ئېتىقادنىڭ ئەھمىيەتسىز ئېتىقاد ئىكەنلىكى...» دېيىلىدۇ. **«ئەمەللىرى يوق ئېتىقادنىڭ ئۆلۈك ئېتىقاد ئىكەنلىكىنى قاچانمۇ بىلەرسەن؟ »** ــ «قاچانمۇ بىلەرسەن؟» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «بۇنىڭغا ئىسپات خالامسەن؟».

21:2 **«ئاتىمىز ئىبراھىم ئۆز ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانگاھ ئۈستىگە سۇنغاندا...»** ــ «ئاتىمىز ئىبراھىم» ــ يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئەجدادى ھەمدە ئېتىقاد جەھەتتە بارلىق ئېتىقادچىلارنىڭ ئاتىسىدۇر.

**21:2** يار. 10:22.

دوستى» دەپ ئاتالدى. [24] بۇنىڭدىن شۇنى كۆرەلەيسىلەركى، ئىنسانلار
ئېتىقادى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەللىرى بىلەن ھەققانىي دەپ
جاكارلىنىدۇ.
[25] مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، پاھىشە ئايال راھاب ئىسرائىل
چارلىغۇچىلىرىنى ئۆز ئۆيىدە كۈتۈپ، ئۇلارنى باشقا يول بىلەن
قاچۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئوخشاشلا ئىش-ئەمەلى بىلەن
ھەققانىي دەپ جاكارلانغان بولمامدۇ؟ [26] تەن روھ بولمىسا ئۆلۈك
بولغاندەك، ئەمەللىرى يوق ئېتىقادمۇ ئۆلۈكتۇر.

## تىلنى تىزگىنلىشىمىز كېرەك

3 [1] قېرىنداشلىرىم، ئاراڭلاردىن كۆپ كىشى تەلىم بەرگۈچى
بولۇۋالماڭلار! چۈنكى سىلەرگە مەلۇمكى، بىز تەلىم بەرگۈچىلەر
باشقىلاردىن تېخىمۇ قاتتىق سوراققا تارتىلىمىز. [2] چۈنكى ھەممىمىز

23:2 **«مانا بۇ ئىش تەۋراتتىكى: «ئىبراھىم خۇداغا ئېتىقاد قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى ھېسابلاندى» دېگەن يازمىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا ئۇ «خۇدانىڭ دوستى» دەپ ئاتالدى»** ــ تەۋرات، «يار.» 6:15 ۋە «2تار.» 7:20، «يەش.» 2:51، «دان.» 35:3نى (LXX) ۋە «يەش.» 8:41نى كۆرۈڭ.

**23:2** يار. 6:15؛ رىم. 3:4؛ گال. 6:3.

24:2 **«بۇنىڭدىن شۇنى كۆرەلەيسىلەركى، ئىنسانلار ئېتىقادى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەللىرى بىلەن ھەققانىي دەپ جاكارلىنىدۇ»** ــ روسۇل پاۋلۇس «ئىنسانلار ئېتىقاد بىلەن ھەققانىي دەپ جاكارلىنىدۇ» دەيدۇ (مەسىلەن، «رىم.» 28:3، «گال.» 16:2، 24:3نى كۆرۈڭ). روسۇل ياقۇپنىڭ سۆزى پاۋلۇسنىڭ سۆزىگە ھېچ زىت ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئېتىقادىغا مۇناسىپ ئىش-ھەرىكەتى ياكى ئەمەللىرى بولمىسا، بۇنداق ئېتىقاد ھەقىقىي ئېتىقاد ھېسابلانمايدۇ، بەلكى «ئۆلۈك ئېتىقاد» (17:2، 20، 26) ھېسابلىنىشى كېرەك، دەپ تەكىتلەيدۇ.

25:2 **«... پاھىشە ئايال راھاب ئىسرائىل چارلىغۇچىلىرىنى ئۆز ئۆيىدە كۈتۈپ، ئۇلارنى باشقا يول بىلەن قاچۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئوخشاشلا ئىش-ئەمەلى بىلەن ھەققانىي دەپ جاكارلانغان بولمامدۇ؟»** ــ بۇ ۋەقە «يەشۇئا» 2-بابتا خاتىرىلەنگەن. «ئىبر.» 31:11نىمۇ كۆرۈڭ.

**25:2** يە. 1:2؛ 23:6؛ ئىبر. 31:11.

**1:3** مات. 1:7؛ 8:23؛ لۇقا 37:6.

كۆپ ئىشلاردا خاتالىشىپ پۇتلىشىمىز. ھالبۇكى، ئەگەر بىرسى
تىلدا خاتالاشمىسا، ئۇ كامالەتكە يەتكەن، پۈتكۈل تېنىنى
تىزگىنلىيەلىگەن ئادەم بولىدۇ. [3] مانا، بىز ئاتلارنى ئۆزىمىزگە
بېقىندۇرۇش ئۇچۇن ئاغزىغا يۈگەن سالىمىز؛ بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل
تەنلىرىنى خالىغان تەرەپكە بۇرىيالايمىز. [4] مانا، كېمىلەرگىمۇ
قاراڭلار؛ شۇنچىلىك يوغان بولسىمۇ، يەنە كېلىپ دەھشەتلىك
شامال‌لار تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ ھەيدىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن رولچى
قەيەرگە ئۇلارنى ھەيدەي دېسە، ئۇ كىچىككىنە بىر رول ئارقىلىق
ئۇنى خالىغان تەرەپكە بۇرايدۇ. [5] شۇنىڭغا ئوخشاش، گەرچە تىل
تېنىمىزنىڭ كىچىك بىر ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ يوغان
سۆزلەيدۇ. كىچىككىنە بىر ئوت ئۇچقۇنىنىڭ چوڭ ئورمانغا ئوت
تۇتاشتۇرالايدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭلار! [6] تىل ــ دەرۋەقە بىر
ئوتتۇر؛ ئۇ ئەزالىرىمىز ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىپ قەبىھلىككە تولغان
بىر ئالەم بولىدۇ. ئۇ پۈتكۈل تەننى بۇلغىغۇچىدۇر؛ ئۇ دوزاخ ئوتىدىن
تۇتاشتۇرۇلۇپ، پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ چاقىغا ئوت تۇتاشتۇرىدۇ!
[7] چۈنكى ھەرتۈرلۈك ھايۋانلار ھەم ئۇچار-قاناتلار، ئۆمىلىگۈچى
ھايۋانلار ھەم دېڭىزدىكى مەخلۇقلار ئىنسانىيەت تەرىپىدىن
كۆندۈرۈلمەكتە ھەمدە كۆندۈرۈلگەنىدى. [8] ئەمما تىلنى ھېچكىم
كۆندۈرەلمەيدۇ؛ ئۇ تىنىمسىز رەزىل بىر نەرسە بولۇپ، جانغا زامىن
بولىدىغان زەھەرگە تولغاندۇر. [9] بىز تىلىمىز بىلەن پەرۋەردىگار
ئاتىمىزغا شانۇ-تەشەككۈر قايتۇرىمىز، ۋە يەنە ئۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ
ئوبرازىدا يارىتىلغان ئىنسانلارنى قارغايمىز. [10] دېمەك، ئوخشاش بىر
ئېغىزدىن ھەم تەشەككۈر-مۇبارەك ھەم لەنەت-قارغاش چىقىدۇ. ئى

---

**2:3** زەب. 13:34؛ ياق. 26:1.

**5:3** پەند. 18:12؛ 2:15.

6:3 «**... ئۇ دوزاخ ئوتىدىن تۇتاشتۇرۇلۇپ، پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ چاقىغا ئوت تۇتاشتۇرىدۇ!**» ــ «پۈتكۈل تەبىئەت» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بارلىق ئىنساني دۇنيا».

قېرىنداشلىرىم، بۇنداق بولماسلىقى كېرەك! [11] بىر بۇلاق ئوخشاش
بىر كۆزدىن بىرلا ۋاقىتتا تاتلىق ھەم قىرتاق سۇ چىقىرامدۇ؟ [12] ئى
قېرىنداشلىرىم، ئەنجۈر دەرىخى زەيتۇننىڭ مېۋىسىنى بەرمەيدۇ،
ياكى ئۈزۈم تېلى ئەنجۈرنىڭ مېۋىسىنى بېرەلەمدۇ؟ ھەم تۇزلۇق بۇلاق
تاتلىق سۇنىمۇ چىقىرالمايدۇ.

## ئەرشتىن كەلگەن ھەقىقىي دانالىق

[13] ئاراڭلاردا كىم دانا ۋە پەملىك؟ پەزىلەتلىك يۈرۈش-تۇرۇشىدىن
ئۇ دانالىقتا خاس بولغان مۆمىن-كەمتەرلىك بىلەن ئەمەللىرىنى
كۆرسەتسۇن! [14] لېكىن ئەگەر قەلبىڭلاردا ئاچچىق ھەسەتخورلۇق ۋە
جېدەل-ماجىرا بولسا، ئەمدى يالغان سۆزلەر بىلەن ھەقىقەتنى يوققا
چىقارماڭلار، ماختانماڭلار. [15] بۇنداق «دانالىق» ئەرشتىن ئەمەس،
بەلكى دۇنياغا، ئىنسان تەبىئىيىتىگە خاس بولۇپ، جىن-شەيتاندىن
كەلگەندۇر. [16] چۈنكى ھەسەتخورلۇق ۋە جېدەل-ماجىرا بولغانلا يەردە

**13:3** ئەف. 8:5.

**14:3 «لېكىن ئەگەر قەلبىڭلاردا ئاچچىق ھەسەتخورلۇق ۋە جېدەل-ماجىرا بولسا، ئەمدى يالغان سۆزلەر بىلەن ھەقىقەتنى يوققا چىقارماڭلار، ماختانماڭلار» —** «ماختانماڭلار» دېگەنلىكنىڭ مەنىسى بولسا: ««مەندە دانالىق بار» دېمەڭلار».

**14:3** رىم. 13:13.

**15:3 «بۇنداق «دانالىق» ئەرشتىن ئەمەس...»** — گرېك تىلىدا «بۇنداق «دانالىق» يۇقىرىدىن ئەمەس». **«بەلكى دۇنياغا ... خاس بولۇپ...»** — گرېك تىلىدا «يەر-زېمىنغا ... خاس بولۇپ» دېيىلىدۇ. **«بۇنداق «دانالىق» ئەرشتىن ئەمەس، بەلكى دۇنياغا، ئىنسان تەبىئىيىتىگە خاس بولۇپ، جىن-شەيتاندىن كەلگەندۇر»** — «دۇنيا» ياكى «بۇ دۇنيا» بولسا، تەۋرات-ئىنجىل بويىچە، خۇداغا قارشى چىققان، شەيتان تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان پۈتكۈل بىر سىستېمىنى كۆرسىتىدۇ (4-بابنى كۆرۈڭ). «ئىنسان تەبىيىتىگە خاس» گرېك تىلىدا «جانلىق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ يەردىكى گرېك تىلىدىكى «جان» ئىنسان شەخسىنىڭ ئۈچ قىسمى (روھ، جان، تەن)نىڭ بىرىنى كۆرسىتىدۇ. خۇداغا تايانمىغاچقا، گۇناھكار ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «جېنىدىن چىققان» ئەقىل-پاراسەتلىرى ۋە ئوي-پىكىرلىرى خۇدانىڭ روھىدىن چىققان بولمىغاچقا، ھەرگىز خۇدانىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمايدۇ («رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ).

**15:3** 1كور. 2:6، 7.

قالايمىقانچىلىق ۋە ھەرخىل رەزىللىكلەر بولىدۇ. [17] لېكىن ئەرشتىن كەلگەن دانالىق بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن پاكتۇر، ئۇ يەنە تىنچلىقپەرۋەر، خۇش پېئىل، باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلىقى ئوچۇق، رەھىمدىل بولۇپ، ياخشى مېۋىلەر بىلەن تولغان، ئۇنىڭدا تەرەپبازلىق ياكى ساختىپەزلىك يوقتۇر. [18] ھەققانىيلىق ئۇرۇقلىرى تىنچلىقپەرۋەرلەر ئارىسىدا چېچىلىپ، تىنچلىق ئىچىدە مېۋە بېرىدۇ.

## بۇ دۇنيانى دوست تۇتماسلىق

4 [1] ئاراڭلاردىكى ئۇرۇش ۋە ماجىرالار نەدىن كېلىپ چىقىدۇ؟ بۇ دەل تەن ئەزالىرىڭلار ئىچىدە جەڭ قىلىۋاتقان ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭلاردىن ئەمەسمۇ؟ [2] سىلەر ئارزۇ-ھەۋەس قىلىسىلەر، لېكىن ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭلارغا ئېرىشمەيسىلەر؛ ئادەم ئۆلتۈرىسىلەر، ھەسەت قىلىسىلەر، لېكىن ئېرىشەلمەيسىلەر؛ جېدەل-ماجىرا چىقىرىپ جەڭ قىلىسىلەر. ئېرىشمەيسىلەر، چۈنكى تىلىمەيسىلەر. [3] تىلىسەڭلارمۇ ئېرىشەلمەيسىلەر، چۈنكى ئۆز ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن رەزىل نىيەتلەر بىلەن تىلەيسىلەر. [4] ئەي زىناخورلار! بۇ دۇنيا بىلەن دوستلىشىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خۇدا بىلەن دۈشمەنلىشىش ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭلار؟ كىمدىكىم بۇ دۇنيانى دوست تۇتماقچى بولسا، ئۆزىنى

---

**16:3** 1كور. 3:3؛ گال. 20:5.

17:3 **«لېكىن ئەرشتىن كەلگەن دانالىق بولسا،...»** ـــ گرېك تىلىدا «لېكىن يۇقىرىدىن كەلگەن دانالىق بولسا...».

18:3 **«ھەققانىيلىق ئۇرۇقلىرى تىنچلىقپەرۋەرلەر ئارىسىدا چېچىلىپ، تىنچلىق ئىچىدە مېۋە بېرىدۇ»** ـــ «ھەققانىيلىق ئۇرۇقلىرى» دېگەنلىك ئادەمنىڭ ھاياتىدا پەيدا بولغان ياكى ئۆسىدىغان ھەققانىيلىقنى كۆرسىتىدۇ.

**1:4** رىم. 23:7؛ 1پېت. 11:2.

**3:4** مات. 22:20؛ رىم. 26:8.

**خۇدانىڭ دۈشمىنى قىلىدۇ. [5]مۇقەددەس يازمىلاردا: «خۇدا قەلبىمىزگە ماكان قىلدۇرغان روھ ناچار ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى قىلامدۇ؟» دېگەن سۆز سەلەرچە بىكار دېيىلگەنمۇ؟ [6]لېكىن خۇدا بەرگەن مېھىر-شەپقەت بۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس يازمىلاردا: «خۇدا تەكەببۇرلارغا قارشىدۇر، لېكىن مۆمىن-كەمتەرلەرگە شەپقەت قىلىدۇ» دەپ يېزىلغاندۇر.**
**[7]شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇداغا بويسۇنۇڭلار. شەيتانغا قارشى تۇرۇڭلار؛ شۇنداق قىلساڭلار ئۇ سىلەردىن قاچىدۇ. [8]خۇداغا يېقىنلىشىڭلار، خۇدامۇ سىلەرگە يېقىنلىشىدۇ. ئەي گۇناھكارلار، گۇناھتىن**

4:4 **«ئەي زىناخورلار! بۇ دۇنيا بىلەن دوستلىشىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خۇدا بىلەن دۈشمەنلىشىش ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭلار؟»** — مۇشۇ يەردىكى «زىناخورلار» شۈبھىسىزكى، كۆچمە مەنىدە ياكى بەلكىم ئەينى مەنىدە بولۇشى مۇمكىن. كۆچمە مەنىدە «خۇداغا ۋاپاسىزلار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز باشقا ئىشلار (پۇل، بايلىق ھوقۇق، مەنسەپ، ھەرخىل ھەۋەسلەر)نى خۇدانىڭ ئورنىغا قويغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقىقىي بۇتپەرەسلىكتۇر، بۇ خۇدا ئالدىدا زىناخورلۇققا ئوخشاش بولىدۇ.

**4:4** يـۇھ. 9:15؛ گال. 10:1؛ 1يۇھ. 15:2.

5:4 **«خۇدا قەلبىمىزدە ماكان قىلدۇرغان روھ...»** — ئۆز مۇقەددەس روھىنى كۆرسىتىدۇ. گرېك تىلىدا «ئۇ قەلبىمىزگە ماكان قىلدۇرغان روھ...». **«مۇقەددەس يازمىلاردا: «خۇدا قەلبىمىزگە ماكان قىلدۇرغان روھ ناچار ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى قىلامدۇ؟» دېگەن سۆز سىلەرچە بىكار دېيىلگەنمۇ؟»** — بۇ سۆزنىڭ ئۆزى تەۋراتتىن بىۋاسىتە تېپىلمايدۇ، بەلكىم روسۇل ياقۇپنىڭ تەۋراتتىكى كۆپ ئايەتلىرنىڭ مۇجەسسەملەشتۈرۈلگىنى بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «خۇدا قەلبىمىزگە سالغان (مۇقەددەس) روھ بىزنىڭ خۇداغىلا ساداقەتمەن بولۇشىمىزنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدۇ».

**5:4** چۆل. 29:11.

6:4 **«لېكىن خۇدا بەرگەن مېھىر-شەپقەت بۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»** — بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەلكىم «بۇ يامان ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمىز، نەپس-تاماخورلۇقىمىز ئۈستىدىن غەلبە قىلىش ئۈچۈن، خۇدا بىزگە كۆپ كۈچ-قۇدرەت بېرىدۇ» دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. **«خۇدا تەكەببۇرلارغا قارشىدۇر، لېكىن مۆمىن-كەمتەرلەرگە شەپقەت قىلىدۇ»** — «پەند. 34:3.

**6:4** پەند. 34:3؛ 1پېت. 5:5.

**7:4** ئەف. 27:4؛ 1پېت. 9:5.

قولۇڭلارنى يۇيۇڭلار؛ ئەي ئۇجمە كۆڭۈللەر، قەلبىڭلارنى پاك قىلىڭلار.
[9] گۇناھلىرىڭلارغا قايغۇ-ھەسرەت چېكىڭلار، ھازا تۇتۇپ يىغلاڭلار،
كۈلكەڭلارنى ماتەمگە، خۇشاللىقىڭلارنى قايغۇغا ئايلاندۇرۇڭلار.
[10] رەببىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار ۋە شۇنداق قىلغاندا ئۇ
سىلەرنى ئۈستۈن قىلىدۇ.

## قېرىنداشلار ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلماسلىق

[11] ئى قېرىنداشلار، بىر-بىرىڭلارنى سۆكمەڭلار. كىمدىكىم
قېرىندىشىنى سۆكسە ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلسا، تەۋرات
قانۇنىنىمۇ سۆككەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ.
شۇنداق قىلىپ قانۇن ئۈستىدىن توغرا-ناتوغرا دەپ ھۆكۈم قىلساڭ،
قانۇنغا ئەمەل قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن
ھۆكۈم قىلغۇچى قىلىۋالغان بولىسەن. [12] قۇتقۇزۇشقا ۋە ھالاك
قىلىشقا قادىر بولغان، قانۇن تۈزگۈچى ۋە ھۆكۈم قىلغۇچى پەقەت
بىردۇر! شۇنداق ئىكەن، سەن باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇدەك
زادى كىمسەن؟

---

8:4 **«ئەي گۇناھكارلار، گۇناھتىن قولۇڭلارنى يۇيۇڭلار؛ ئەي ئۇجمە كۆڭۈللەر، قەلبىڭلارنى پاك قىلىڭلار»** ــ بۇ «ئۇجمە كۆڭۈللەر» بەلكىم خۇدا بىلەن ۋە بۇ دۇنيا بىلەن تەڭ دوست بولايلى دېگۈچىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**9:4** مات. 4:5.

**10:4** ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 11:14؛ 14:18؛ 1پېت. 6:5.

11:4 **«كىمدىكىم قېرىندىشىنى سۆكسە ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلسا، تەۋرات قانۇنىنىمۇ سۆككەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ...»** ــ «تەۋرات قانۇنىنىمۇ سۆككەن ... بولىدۇ» ــ مۇشۇ يەردە روسۇل ياقۇپنىڭ كۆزدە تۇتقان «تەۋرات قانۇنى» بولسا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۇنىڭدىكى «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن» دېگەن ئەمر بولۇشى كېرەك. بۇ سۆزلەر بەزىدە «تەۋرات قانۇنىنىڭ جەۋھىرى» دېيىلىدۇ. **«شۇنداق قىلىپ قانۇن ئۈستىدىن توغرا-ناتوغرا دەپ ھۆكۈم قىلساڭ، قانۇنغا ئەمەل قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى قىلىۋالغان بولىسەن»** ــ ئىنساننىڭ بەختلىك نېسىۋىسى خۇدانىڭ سۆزى ئۈستىدىن («توغرا، ناتوغرا!» دەپ) ھۆكۈم چىقىرىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىمان بىلەن قوبۇل قىلىپ ئىتائەت قىلىشتا تېپىلىدۇ، ئەلۋەتتە!

## ئۆزۈڭنى خۇدا دېمە!

13 ھەي، «بۈگۈن ياكى ئەتە پالانى-پۇكۇنى شەھەرگە بارىمىز، ئۇ
يەردە بىر يىل تۇرۇپ، تىجارەت قىلىپ پايدا تاپىمىز» دېگۈچىلەر
بۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار! 14 ئەي ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى
بىلمەيدىغانلار، ھاياتىڭلار نېمىگە ئوخشايدۇ؟ ئۇ خۇددى
غىل-پال پەيدا بولۇپ يوقاپ كېتىدىغان بىر پارچە تۇمان،
خالاس. 15 بۇنىڭ ئورنىغا، «رەب بۇيرۇسا، ھايات بولساق، ئۇنى
قىلىمىز، بۇنى قىلىمىز» دېيىشىڭلار كېرەك. 16 لېكىن ئەمدى
سىلەر ھازىر ئۇنداق يوغان گەپلىرىڭلار بىلەن ماختىنىسىلەر.
بۇنداق ماختىنىشلارنىڭ ھەممىسى رەزىل ئىشتۇر. 17 شۇنىڭدەك
كىمدىكىم مەلۇم ياخشى ئىشنى قىلىشقا تېگىشلىك دەپ
بىلىپ تۇرۇپ قىلمىغان بولسا، گۇناھ قىلغان بولىدۇ.

## بايلارنى ئاگاھلاندۇرۇش

5 1 ئەي بايلار، قۇلاق سېلىڭلار! بېشىڭلارغا چۈشىدىغان كۈلپەتلەر
ئۈچۈن داد-پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاڭلار. 2 بايلىقىڭلار چىرىپ كەتتى،
كىيىم-كېچەكلىرىڭلارنى كۈيە يەپ كەتتى، 3 ئالتۇن-كۈمۈشلىرىڭلارنى
بولسا دات باستى، بۇ دات قىيامەتتە ئۆزۈڭلارغا قارشى گۇۋاھلىق
بېرىپ، گۆشۈڭلارنى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەندەك يەۋېتىدۇ. سىلەرنىڭ

---

**13:4** لۇقا 18:12.

**14:4** **«ئۇ خۇددى غىل-پال پەيدا بولۇپ يوقاپ كېتىدىغان بىر پارچە تۇمان، خالاس»** — «بىر پارچە تۇمان» ياكى «بىر پارچە ئىس-تۈتەك».

**14:4** يەش. 6:40؛ 1كور. 31:7؛ ياق. 10:1؛ 1پېت. 24:1؛ 1يۇھ. 17:2.

**15:4** روس. 21:18؛ 1كور. 19:4؛ ئىبر. 3:6.

**17:4** لۇقا 47:12.

**1:5** پەند. 28:11؛ ئام. 1:6؛ لۇقا 24:6؛ 1تىم. 9:6.

بايلىقلارنى توپلىشىڭلار ئاخىرقى كۈنلەردە بولدى! 4 مانا،
ئېتىزلىقىڭلاردا ئىشلەپ ھوسۇل يىغقانلارغا خىيانەت قىلىپ ئىش
ھەقلىرىنى بەرمەي كەلدىڭلار. بۇ تۇتۇۋېلىنغان ھەق ئۇستۇڭلاردىن
پەرياد كۆتۈرمەكتە، شۇنىڭدەك ئورمىچىلارنىڭ نالە-پەريادلىرى
ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىقىغا
يەتتى. 5 سىلەر بۇ دۇنيادا ھەشەمەتچىلىك ۋە ئەيش-ئىشرەت ئىچىدە
ياشاپ كېلىۋاتىسىلەر. قويلار بوغۇزلاش كۈنىگە تەييارلانغاندەك،
سىلەرمۇ بوغۇزلىنىش كۈنىگە ئۆزۈڭلارنى بورداپ كېلىۋاتىسىلەر.
6 سىلەر ھەققانىي بولغۇچىنى گۇناھقا مەھكۇم قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ
كەلدىڭلار؛ ئۇ سىلەرگە قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ.

---

3:5 **«ئالتۇن-كۈمۈشلىرىڭلارنى بولسا دات باستى»** — روسۇل ياقۇپ بۇ ئايەتلەردە بايلارنىڭ بېشىغا كەلگۈسىدە چۈشىدىغان جازانى ئاللىقاچان يۈز بەرگەندەك تەرزدە كۆرسىتىدۇ. **«سىلەرنىڭ بايلىقلارنى توپلىشىڭلار ئاخىرقى كۈنلەردە بولدى!»** — باشقا بىر تەرجىمىسى: «چۈنكى سىلەر بۇ ئاخىر زاماندا بايلىق توپلاش بىلەنلا بولۇپ كېتىۋاتىسىلەر!». قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى «ئاخىرقى كۈنلەردە» توپلانغان بولۇپ، ئۇلار بۇلاردىن ئانچە ئۇزۇن ھۇزۇر ئالالمايدۇ.

**3:5** مات. 19:6؛ رىم. 5:2.

**4:5** لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24.

5:5 **«سىلەر بۇ دۇنيادا ھەشەمەتچىلىك ۋە ئەيش-ئىشرەت ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتىسىلەر»** — «بۇ دۇنيادا» گرېك تىلىدا «يەر يۈزىدە». دېمەك، بېھىشتە ئۇنداق راھەتلىك ھاياتتىن بەھرىمەن بولمايسىلەر. **«قويلار بوغۇزلاش كۈنىگە تەييارلانغاندەك، سىلەرمۇ بوغۇزلىنىش كۈنىگە ئۆزۈڭلارنى بورداپ كېلىۋاتىسىلەر»** — «ئۆزۈڭلارنى بورداپ كېلىۋاتىسىلەر» گرېك تىلىدا «يۈرەكلىرىڭلارنى بورداپ كېلىۋاتىسىلەر». بۇ ئۈچ بىسلىق سۆز بولۇپ: (1) ئۆزۈڭلار ئىنتايىن ھەشەمەتلىك، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزدۈڭلار؛ (2) كۆڭلۈڭلارنى تاش قىلدىڭلار (مەسىلەن، «يەش.» 6:10 ۋە 17:63نى كۆرۈڭ)؛ (3) (كىنايىلىك مەنىدە) «بوغۇزلاش كۈنى» (قىيامەت كۈنى)گە ئۆزۈڭلارنى «بورداپ» ياخشى تەييارلىدىڭلار».

**5:5** ئايۇپ 13:21؛ لۇقا 25:16، 19.

6:5 **«سىلەر ھەققانىي بولغۇچىنى گۇناھقا مەھكۇم قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ كەلدىڭلار؛ ئۇ سىلەرگە قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ»** — «ھەققانىي بولغۇچى» (1) مەسىھنى ياكى (2) ھەققانىي ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە ھەققانىي ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى گرېك تىلىدا «ئۆلتۈرۈش» دېگەن پېئىل كۆپ قېتىملىق ئۆلتۈرۈشلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەمدى نېمىشقا «ھەققانىي بولغۇچىلار» ئەمەس، بەلكى «ھەققانىي بولغۇچى» دەيدۇ؟ بىزنىڭچە روسۇل ياقۇپ مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆز مۆمىن بەندىلىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلار بىلەن بىر بولغانلىقىنى تەكىتلەشنى

## سەۋر-تاقەت ۋە دۇئا

8-7 شۇڭا، قېرىنداشلار، رەببىمىزنىڭ قايتا كېلىدىغان كۈنىگىچە سەۋر-
تاقەت قىلىپ تۇرۇڭلار. مانا، دېھقان كىشى يەرنىڭ ئېسىل مېۋىسىنى
كۈتىدۇ؛ يەر دەسلەپكى ۋە كېيىنكى يامغۇرلارغا مۇيەسسەر بولغۇچە
ئۇنى ئىنتىزارلىق بىلەن سەۋر-تاقەت ئىچىدە كۈتىدۇ. سىلەرمۇ
سەۋر-تاقەت قىلىپ قەلبىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىڭلار. چۈنكى
رەببىمىزنىڭ قايتا كېلىشى يېقىنلاپ قالدى.
9 قېرىنداشلار، ئۆزۈڭلار سوراققا تارتىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن بىر-
بىرىڭلاردىن ئاغرىنماڭلار؛ مانا، سوراق قىلغۇچى ئىشىك ئالدىدا
تۇرىدۇ. 10 پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا سۆزلىگەن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ
قانداق ئازاب-ئوقۇبەت تارتقانلىقى، شۇنداقلا سەۋر-تاقەت
قىلغانلىقىنى ئۈلگە قىلىڭلار. 11 بىز مانا مۇشۇنداق سەۋر-تاقەت
بىلەن بەرداشلىق بەرگەنلەرنى بەختلىك دەپ ھېسابلايمىز. ئايۇپنىڭ
ئازاب-ئوقۇبەتكە قانداق سەۋر-تاقەت بىلەن بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى
ئاڭلىغانسىلەر ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا ئاخىرقى قىلغىنىنى،

خالايدۇ («پەند.» 31:14، 5:17 ۋە «روس.» 4:9نى كۆرۈڭ). روسۇل ياقۇپ شۇ چاغلاردا «ھەققانىي ياقۇپ» دەپ ئاتىلاتتى ۋە كېيىن يېرۇسالېمدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى (مىلادىيە 60-يىللاردا).
—«ئۇ سىلەرگە قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ» دېگەن بايان بەلكىم خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاجىز-ئانىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن.

**8-7:5 «دېھقان كىشى يەرنىڭ ئېسىل مېۋىسىنى كۈتىدۇ؛ يەر دەسلەپكى ۋە كېيىنكى يامغۇرلارغا مۇيەسسەر بولغۇچە ئۇنى ئىنتىزارلىق بىلەن سەۋر-تاقەت ئىچىدە كۈتىدۇ»** — «دەسلەپكى يامغۇرلار» ئىسرائىلدا 10-ياكى 11-ئايدا يېغىپ، يەرنى يۇمشاق قىلىپ ھەيدەشكە تەييارلايدۇ، ئاندىن چېچىلغان ئۇرۇقلارنى ئۇندۇرۇشكە تۈرتكە بولىدۇ. «كېيىنكى يامغۇرلار» بولسا 3-ياكى 4-ئايدا يېغىپ، ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنى پىشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ھەربىر دېھقان «كېيىنكى يامغۇر»غا تەشنادۇر، ئۇلار ئۇنى بەك قەدىرلەيدۇ. **«... سىلەرمۇ سەۋر-تاقەت قىلىپ قەلبىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىڭلار. چۈنكى رەببىمىزنىڭ قايتا كېلىشى يېقىنلاپ قالدى»** — بۇ 7-8-ئايەتلەر ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

شۇنداقلا «پەرۋەردىگارنىڭ ئىچ-باغرى شەپقەت ۋە رەھىمدىللىق
بىلەن تولغان»لىقىنى كۆرگەنسىلەر.
[12] ئەمدى ئى قېرىنداشلىرىم، ئەڭ مۇھىمى، قەسەم قىلماڭلار ــ نە
ئاسمان نە زېمىن نە ھېچقانداق باشقا نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن
قەسەم قىلغۇچى بولماڭلار، بەلكى «بولىدۇ» دېسەڭلار ھەقىقىي
«بولىدۇ» بولسۇن، «ياق» دېسەڭلار ھەقىقىي «ياق» بولسۇن. شۇنداق
قىلغاندا، خۇدانىڭ جازاسىغا چۈشمەيسىلەر.

## دۇئا تۇغرۇلۇق

[13] ئاراڭلاردا ئازاب تارتقۇچى كىشى بارمۇ؟ ئۇ دۇئا قىلسۇن. خۇشال
يۈرۈۋاتقانلار بارمۇ؟ ئۇ كۈي-مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتسۇن.
[14] ئاراڭلاردا ئاغرىق-سىلاقلار بارمۇ؟ ئۇلار جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرىنى
چاقىرتىپ كەلسۇن؛ ئۇلار رەبنىڭ نامىدا ئۇنىڭ بېشىغا ماي سۈرۈپ

---

11:5 **«ئايۇپنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتكە قانداق سەۋر-تاقەت بىلەن بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانسىلەر ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا ئاخىرقى قىلغىنىنى... كۆرگەنسىلەر» ــ** «پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا ئاخىرقى قىلغىنى» دېمەك، خۇدانىڭ ئاخىردا ئايۇپنىڭ ھاياتىنى قانداق بەرىكەتلەپ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى. **«پەرۋەردىگارنىڭ ئىچ-باغرى شەپقەت ۋە رەھىمدىللىق بىلەن تولغان» ــ** بۇ سۆزلەر «مىس.» 6:34، «نەھ.» 17:9، «زەب.» 15:86، 13:102، «يو.» 13:2دە خىلمۇخىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ.

**11:5** چۆل. 18:14؛ ئايۇپ 21:1، 22؛ 10:42-17؛ زەب. 8:103-9؛ مات. 11:5.

**12:5** مات. 34:5؛ 2كور. 17:1، 18.

13:5 **«ئاراڭلاردا ئازاب تارتقۇچى كىشى بارمۇ؟ ئۇ دۇئا قىلسۇن. خۇشال يۈرۈۋاتقانلار بارمۇ؟ ئۇ كۈي-مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتسۇن» ــ** بۇ سۆز بەلكىم جامائەتنىڭ ئىبادەت سورۇنلىرىدىكى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتىدۇ. دېمەك، جامائەت سورۇنلىرىدا قېرىنداشلارنىڭ ھەم يىغلاش ھەم خۇشال بولۇش ئەركىنلىكى بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ سۆزلەر قېرىنداشلار يالغۇز قالغاندا ئوخشاشلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە!
—كېيىن ئۇ ئاغرىق قېرىنداشنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ.

**13:5** ئەف. 19:5؛ كول. 16:3.

مەسىھ قىلىپ دۇئا قىلسۇن. 15 شۇنداق قىلىپ ئىمان-ئىشەنچ بىلەن
قىلىنغان دۇئا بىمارنى ساقايتىدۇ، رەب ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ. ئەگەر
بىمار گۇناھلارنى قىلغان بولسا، بۇلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. 16 شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭلارنى بىر-بىرىڭلارغا ئىقرار قىلىڭلار ۋە
شىپالىق تېپىشىڭلار ئۈچۈن بىر-بىرىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار. ھەققانىي
ئادەمنىڭ دۇئاسى زور كۈچ ۋە چوڭ ئۈنۈمگە ئىگىدۇر. 17 ئىلياس
پەيغەمبەرمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئىنسانىي تەبىئەتلىك ئىدى. ئۇ يامغۇر
ياغمىسۇن دەپ ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلدى؛ نەتىجىدە، زېمىنغا ئۈچ
يىل ئالتە ئاي ھېچ يامغۇر ياغمىدى. 18 ئاندىن ئۇ يەنە دۇئا قىلدى ۋە
يامغۇر قايتا ياغدى، يەرمۇ ھوسۇل-مېۋىسىنى يەنە بەردى.

---

14:5 **«ئاراڭلاردا ئاغرىق-سىلاقلار بارمۇ؟ ئۇلار جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرتىپ كەلسۇن؛ ئۇلار رەبنىڭ نامىدا ئۇنىڭ بېشىغا ماي سۈرۈپ مەسىھ قىلىپ دۇئا قىلسۇن»** — «مەسىھ قىلىش» توغرۇلۇق «تەبىرلەر»دىكى ئىزاھاتىمىزنى كۆرۈڭ. مۇشۇ يەردە ماي ھېچقانداق دورىنىڭ رولىدا ئەمەس، بەلكى ئاقساقاللارنىڭ قوللىرىنى بىمارنىڭ بېشىغا تەگكۈزۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ بىمار بىلەن بىرلىكتە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەمدە ئۇنىڭغا مۇقەددەس روھنىڭ كېسەلنى ساقايتىش قۇدرىتىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بولىدۇ.

**14:5** مار. 13:6.

17:5 **«ئىلياس پەيغەمبەرمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئىنسانىي تەبىئەتلىك ئىدى»** — «ئىنسانىي تەبىئەتلىك» دېگەن ئىبارە مۇشۇ يەردە ئادەمنىڭ ھېسسىيات، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى كۆرسىتىدۇ

**17:5** 1پاد. 1:17؛ لۇقا 25:4.

**18:5** 1پاد. 45:18.

**[19] قېرىنداشلىرىم، ئاراڭلاردا بىرسى ھەقىقەتتىن چەتنىگەن بولسا،**
**ۋە يەنە بىرسى ئۇنى ھەقىقەتكە قايتۇرسا، [20] مۇشۇنداق كىشى شۇنى**
**بىلسۇنكى، گۇناھكار كىشىنى ئازغان يولىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلگۈچى**
**شۇ كىشىنىڭ جېنىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشىغا ۋە نۇرغۇن گۇناھلارنىڭ**
**يېپىلىپ قويۇلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.**

---

**19:5** مات. 15:18؛ گال. 6:1-2

20:5 **«مۇشۇنداق كىشى شۇنى بىلسۇنكى، گۇناھكار كىشىنى ئازغان يولىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلگۈچى شۇ كىشىنىڭ جېنىنىڭ ئۆلۈمدىن قويۇلىشىغا ۋە نۇرغۇن گۇناھلارنىڭ يېپىلىپ قۇيۇلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ»** ــ «ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش» دېگەن ئىبارە «مەڭگۈلۈك ئۆلۈم» (دوزاخ) ياكى بۇ دۇنيادىن كېتىشنى كۆرستەمدۇ؟ بىزنىڭچە روسۇل بۇ گۇناھكارنىڭ «**جېنىنىڭ** قۇتۇلۇشى»نى تەكىتلىگەچكە، مەڭگۈلۈك ئۆلۈمنى كۆرسەتسە كېرەك.
—ئەگەر «ئۆلۈم» بۇ دۇنيادىن كېتىش بولسا «1يۇھ.» 16:5-17دە ياكى «روس.» 5-بابتا خاتىرىلەنگەندەك خۇدانىڭ ئېغىر گۇناھقا پاتقان ئېتىقادچىلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرىدىغان جازاسىنى كۆرستىدۇ.
—«نۇرغۇن گۇناھلارنىڭ يېپىلىپ قويۇلۇشى» ــ بەلكىم (1) بۇ گۇناھكار كىشىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى ۋە (2) ئۇ كىشىنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئۇياتقا قالماسلىقىنى ۋە (3) ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ باشقىلارنىمۇ گۇناھقا پۇتلاشتۇرۇپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆرستىشى مۇمكىن
**20:5** پەند. 12:10؛ 30:11؛ 1پېت. 8:4.

# قوشۇمچە سۆز

## خەتنىڭ مۇئەللىپى قايسى ياقۇپ؟

بۇ خەتنى يازغان روسۇل «ياقۇپ» دېگەن كىم؟ ئىنجىلدا بىرنەچچە «ياقۇپ» تىلغا ئېلىنغان. ئەمدى ئۇلاردىن قايسىسىنىڭ ئۇشبۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئالىملار ئۈچ خىل پىكىردە بولغان. بۇلار: —

(1) ياقۇپنى يۇھاننانىڭ ئاكىسى، مەسىھنىڭ ئالاھىدە چاقىرغان ئون ئىككى روسۇلىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ئۈچ روسۇلى (پېترۇس، يۇھاننا، ياقۇپ) ئىچىدىكى ياقۇپ، دېگەن قاراش («مات.» 21:4، 2:10، 1:17، «مار.» 37:5). بۇ كۆزقاراشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق دەپ قارايمىز؛ چۈنكى بۇ ياقۇپ مەسىھنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلتۈرۈلگەنىدى («روس.» 2:12). بۇ ۋەقە مىلادىيە 44-يىلى يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

(2) ئۇنى مەسىھنىڭ چاقىرغان ئون ئىككى روسۇلى ئىچىدىكى ئىككىنچى ياقۇپ دېگەن قاراش («مات.» 2:10، «مار.» 18:3، «لۇقا» 15:6، «روس.» 13:1). ئەمما بۇ ئايەتلەردە ياقۇپ «ئالفېئۇسنىڭ ئوغلى» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، ئۇشبۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى يېرۇسالېمدىكى جامائەت ئىچىدە يېتەكچى بولغان، «روس.» 17:12 ۋە 13:15دە تىلغا ئېلىنغان ياقۇپ ئىدى؛ بۇ كىشىنى روسۇل پاۋلۇسمۇ «گال.» 19:1، 9:2، 12:2دە تىلغا ئالىدۇ؛ ئۇ «رەبنىڭ ئۇكىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىشى قانداقمۇ بىرلا ۋاقىتتا ھەم «ئالفېئۇسنىڭ ئوغلى» ھەم «رەبنىڭ ئۇكىسى» بولالايدۇ؟ ئاشۇ ۋاقىتلاردا «ئۇكا» (گرېك تىلىدا «قېرىنداش») بەزىدە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى تۇغقان دېگەننى بىلدۈرەتتى. بىراق ئىنجىلدا بۇنىڭدىن مىسال تاپالمىدۇق. ئالايلۇق، گەرچە يەھيا پەيغەمبەر مەسىھنىڭ ئىككىنچى تۇغقىنى ياكى نەۋرە ئاكىسى بولسىمۇ، ھەرگىز «مەسىھنىڭ ئاكىسى» دېيىلمەيدۇ.

(3) بۇ خەت يەھۇدىي ئېتىقادچىلارغا بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇق بىلەن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، خەتنىڭ مۇئەللىپى «روس.» 17:12 ۋە 13:15 ۋە «گال.» 19:1، 9:2، 12:2دە

تىلغا ئېلىنغان، يېرۇسالېمدىكى جامائەتتە يېتەكچى بولغان ياقۇپ دېگەن قاراش. بۇ پىكىرگە قوشۇلىمىز. جىسمانىي جەھەتتە ئۇنىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ ئۇكىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز (گرېك تىلىدا «ئاكا» ۋە «ئۇكا» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ).

بۇ ئۈچىنچى كۆزقاراشنى قوبۇل قىلمىغانلار تۆۋەندىكى ئىككى قارشى ئىسپاتنى كۆرسىتىدۇ: —

(1)(بىرىنچى قارشى ئىسپات ياكى كۆزقاراش) — ««يۇھ.» 1:7-13تە رەبنىڭ ئۇكىلىرى دەسلەپتە ئۇنىڭ مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن، دەپ بايان قىلىنغان».

ھالبۇكى، «يۇھاننا» 7-بابتا كۆرسىتىلگەن ئىشلارنىڭ ۋە مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنىڭ ئارىلىقىدا ياقۇپتا (ۋە بەلكىم ئۇكىسى يەھۇدادىمۇ) چوقۇم چوڭ بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى؛ چۈنكى رەب تىرىلگەندىن كېيىن ياقۇپقا كۆرۈندى («1كور.» 7:15). شۇ چاغدا ئۇ ئېتىقادچى بولمىغان بولسا ئۇنداق ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولاتتى، دەپ قارايمىز («يۇھ.» 14:18-24). دېمەك، شۇ چاغدا ياقۇپ ئېتىقادچى ئىدى.

(2) (ئىككىنچى قارشى ئىسپات ياكى كۆزقاراش) — «ئۇ چاغدا ئۇ ئېتىقادچى بولسىمۇ، مەسىھنىڭ ئەسلىدە تاللىۋالغان ئون ئىككى روسۇلىدىن بولمىغاچقا، ئىنجىلدىكى بۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى بولالمايتتى؛ چۈنكى ئۇ روسۇل ئەمەس ئىدى (پەقەت روسۇللارنىڭ خەتلىرىلا نوپۇزلۇقتۇر)».

بۇنداق كۆزقاراش بويىچە، روسۇل بولۇشتىكى شەرت مەسىھ يەھيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ خەلق ئالدىدىكى خىزمەتلىرىدە ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز ھەمراھ بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ پىكىر روسۇل پېترۇسنىڭ «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىتى» 1:22-23دە خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىگە ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ھالبۇكى، «كورىنتلىقلارغا (2)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە كۆرسەتكىنىمىزدەك، پېترۇسنىڭ بۇ سۆزلىرىنى (مۇقەددەس روھسىز ئېيتىلغاچقا) مۇتلەق توغرا دەپ ئېيتىپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى كېيىن باشقا ئادەملەر رەب تەرىپىدىن روسۇللۇققا تاللانغان ۋە رەب ئەيسا تىرىلگەن ياكى ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇشۇ ئادەملەرگە ئۆزى كۆرۈنگەن ۋە ئۇلارنى چاقىرغان، دەپ ئىشىنىمىز («1كور.» 7:15-8نى كۆرۈڭ). بۇلار ئىچىدە پاۋلۇس، بارناباس، ئاندرونكۇس ۋە يۇنىيالار بار ئىدى («رىم.» 7:16).

شۇنىڭغا ئوخشاش، گەرچە «يەھۇدا» ئۆز خېتىدە ئۆزىنى «روسۇل» دەپ ئاتىمىغان بولسىمۇ، مەسىھ تەرىپىدىن روسۇللۇققا چاقىرىلغانىدى. يەھۇدا ئۆز خېتىدە كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنى «روسۇل» ياكى «رەبنىڭ ئىنىسى» ئەمەس، بەلكى پەقەت «ياقۇپنىڭ ئىنىسى» دەپ ئاتىغان.

بەزى ئىشەنچلىك كونا تارىخلار بويىچە، ياقۇپ يېرۇسالېمدىكىلەر ئارىسىدا «ھەققانىي ياقۇپ» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان، ئۇشبۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىي ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن مىلادىيە 68-يىللىرىدا چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## خەتنىڭ مەقسىتى ئۈستىدە يەنە بىرنەچچە كەلىمە سۆز

ئەمدى نېمىشقا ياقۇپ بۇ مەكتۇپنى ئالاھىدە يەھۇدىي ئېتىقادچىلارغا يازىدۇ؟ نېمىشقا خەت يەھۇدىي ئەمەسلەرگە ياكى يەھۇدىي ئەمەس جامائەتلەرگە قارىتىلمىغان؟ ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇشۇ يەردە تولۇق توختالساق، كۆپ سەھىپە ئاجرىتىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن بىز پەقەت تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئىشنىلا كۆرسىتىمىز: —

(1) خۇدا بەزىدە خىزمەتكارلىرىنى ئالاھىدە مەلۇم بىر گۇرۇپپا ياكى مەلۇم تويتىكى كىشىلەرگە (ھەتتا ئۆز جامائىتى ئىچىدە) ئۆز خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە چاقىرىدۇ (مەسىلەن، «گال.» 2:7-8نى كۆرۈڭ). روشەنكى، ياقۇپ خۇش خەۋەرنى ئالاھىدە يەھۇدىي خەلقىگە يەتكۈزۈشكە چاقىرىلغانىدى.

(2) «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە خاتىرىلەنگەن دەسلەپكى جامائەتنىڭ تارىخىدىن شۇنى ئېنىق بىلىمىزكى، يەھۇدىي ئېتىقادچىلار ئۈچۈن خۇدانىڭ مەسىھدە بولغان «يېڭى ئەھدە»دىكى ئۇلۇغ ۋەدىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە سۇنۇلغاندىن باشقا، يەنە يەھۇدىي ئەمەسلەرگىمۇ سۇنغانلىقىنى قوبۇل قىلىشى ياكى ئېتىراپ قىلىشى ئىنتايىن تەس ئىدى (خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ئۆزىمىز بىلەن تەڭ مۇيەسسەر بولغان، لېكىن بىزگە نىسبەتەن قوبۇل قىلىش تەس بولغان مەلۇم مىللەتلەردىن بولغان ئېتىقادچىلار بارمۇ؟). بۇ يەھۇدىي ئىشەنگۈچىلەر يەھۇدىي بولمىغان ئىشەنگۈچىلەر بىلەن ئانچە ئارىلاشماي، ئۆزلىرىنىڭ «سىناگوگ»لىرىدىلا (2:2) يىغىلاتتى («سىناگوگ» بولسا ئەسلىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان «يىغىلىش» تەشكىلى شەكلى ئىدى).

ئۇلار خۇدانىڭ سىخىي كەڭچىلىكىنى قوبۇل قىلمىغىنى بىلەن، خۇدا ئۇلارنى تاشلىۋەتكەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى مەغرۇرلۇق-نەپسانىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، مىللەتپەرەسلىك، كاج جاھىللىقىدىن، بىر-بىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئامراقلىقىدىن، تۆھمەتخورلۇق ۋە ساختىپەزلىكىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ياقۇپەدەك بىرنەچچە ئادەملەرنى تۇرغۇزغان. ياقۇپ بەزىدە ئۇلارغا ئېتىقادسىزلارغا سۆز قىلغاندەك سۆز قىلىدۇ (مەسىلەن، 2-باب، 3-باب، 4:4، 8:4، 1:5-6نى كۆرۈڭ). ئەگەر ئۇلار ئۇ ئېيتقاندەك تېخىچە بۇ دۇنيادىكى بايلىقلارغا ۋە بايلارغا قىزىقىدىغان، يەنىلا بىر-بىرىنى سۆكۈپ تۆھمەتخورلۇق قىلىدىغان، بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ تەستىقىغا موھتاج بولۇپ يۈرىدىغان بولسا، (4:4-10) «شاھانە قانۇن»، يەنى خۇدانىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلىگەن «ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك قوشناڭنى سۆيگىن» دېگەن ئەمرنى تېخى چۈشەنمىگەن بولسا، ئۇنداقتا ياقۇپنىڭ ئۇلارغا يەھۇدىي بولمىغان قېرىنداشلارغا مۇھەببەت كۆرسىتىشنى دەۋەت قىلىشى بەربىر بىھۇدىلىك بولاتتى.

## 8:2 «مۇقەددەس يازمىلاردىكى «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي» دېگەن شاھانە قانۇنغا ھەقىقىي ئەمەل قىلساڭلار، ياخشى قىلغان بولىسىلەر»

«شاھانە قانۇن» دېگەن بۇ ئىنتايىن قىزىق ئىبارىنى تۆۋەندىكىدەك بەش جەھەتتىن چۈشىنىش مۇمكىن: —

(1) بۇ ئەمرنى بىزنىڭ پادىشاھىمىز رەب ئەيسا مەسىھ شەخسەن (مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇننى نەقىل قىلىپ) بىزگە تاپشۇرغان؛ شۇنىڭ ئۈچۈن «شاھانە قانۇن» دەپ ئېيتىلىدۇ (مەسىلەن، «مات.» 19:19، 39:22)؛

(2) بىزنىڭ پادىشاھىمىز رەب ئەيسا مەسىھ ئۆزى مۇشۇ ئەمرگە ئەمەل قىلىشى بىلەن بىزگە شاھانە ئۈلگە قالدۇردى؛

(3) پەقەت خۇدانىڭ ئالدىدا شاھانە ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن، (1:9-10)، «پادىشاھ قىلىنغان» («1كور.» 8:4)، مۇقەددەس روھتا ماڭىدىغان كىشىلەرلا شۇ «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي» دېگەن ئۇلۇغ «شاھانە ئەمر»گە ئەمەل قىلالايدۇ؛

(4) خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئالىيجاناب ۋە شاھانە كۆزقارىشىدا بولۇپ، باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدە، مۇشۇ دۇنيادىكى بايلىق-كەمبەغەللىك پەرقلىرىنى نەزىرىگە ئالمايدۇ؛

(5) بۇ ئەمرنى («پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتكۈل قەلبىڭ بىلەن سۆيگىن» دېگەن ئەمر بىلەن تەڭ) مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇندىكى بارلىق ئەمرلەر ئىچىدە «ئەڭ ئۇلۇغ»، شۇنداقلا «شاھانە قانۇن» دەپ ھېسابلاش كېرەك («مات.» 22:38-39).

بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسىنى توغرا، دەپ قارايمىز.

1:3 «قېرىنداشلىرىم، ئاراڭلاردىن كۆپ كىشى تەلىم بەرگۈچى بولۇۋالماڭلار! چۈنكى سىلەرگە مەلۇمكى، بىز تەلىم بەرگۈچىلەر باشقىلاردىن تېخىمۇ قاتتىق سوراققا تارتىلىمىز»

بۇ ئايەتكە قارىغاندا، يەنى «(كەلگۈسىدە) باشقىلاردىن تېخىمۇ قاتتىق سوراققا تارتىلىمىز» دېگەنگە قارىغاندا، «مەلۇم قېرىنداشنىڭ جامائەت ئىچىدە تەلىم بەرگۈچى رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىغا زادى نېمە تۈرتكە بولالايدۇ؟» دەپ سورىشىمىز مۇمكىن. روسۇل پاۋلۇس بىزگە: «بىلىم بولسا ئادەمنى كۆرەڭلىتىدۇ» دەپ ئەسلىتىدۇ («1كور.» 1:8). ئەگەر خۇدا بىزگە بىلىم تاپشۇرغان بولسا، ئۇ بىزگە ئىشىنىپ مۇشۇ بىلىمنى بىزگە ئامانەت قىلغان، شۇنداقلا بەلكىم ئۇ بىزنىڭ ئۇنى خاتا يولدا ئىشلىتىشىمىزگە تەۋەككۈل قىلغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ سۆزىدىن پايدىلىنىپ باشقىلار ئالدىدا يوغانچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىمىزنى «ئۈستۈن قويغانلىقىمىز»نى («مەن سەندىن كۆپ بىلىمەن» دەپ) ئىسپاتلاش قاتارلىقلار. بىلىمنىڭ يەنە بىر خەتىرى باركى، بىز بۇ بىلىمنىڭ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئورنىغا قويۇپ، خۇدادىن ئۈستۈن قويۇشىمىزدىن ئىبارەت بولىدۇ (ئەمەلىيەتتە، خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان ھەربىر بەخت-بەرىكەتتە شۇنداق خەتەر بار). ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تارىختا ۋە بەلكىم ھازىرمۇ خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ جامائەت ئىچىدە ناپاك ياكى ناتوغرا پوزىتسىيەلەر بىلەن «تەلىم بەرگۈچى بولۇۋالغان»لىقى پاكىتتۇر. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ناپاك نىيەتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدا روشەن بولىدۇ.

ناتوغرا نىشانلاردىن ياكى پوزىتسىيەلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى بايقىدۇق: —

(1) خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئۆز مەنپەئىتىگە بۇرىغانلىقى. مەسىلەن: «مانا مەن خۇدانىڭ خىزمەتكارىمەن. ماڭا «سەدىقە» بەرسىڭىز، خۇدا چوقۇم سىزنى ھەسسىلەپ بەرىكەتلەيدۇ» دەيدىغانلار.

(2) بەزىلەر خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا مۇۋاپىق تەلىم بەرگەن بولسىمۇ، تۈپ نىيىتى باشقىلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ياكى مېھىر-مۇھەببىتىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بەزىدە ئۇنداق قېرىنداشلار ئىلگىرى ھېچكىم ماڭا ھۆرمەت ياكى مۇھەببەت بىلدۈرمىگەن دەپ ھېس قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇلار دائىم باشقىلار (ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، دوست-ئاغىنىلىرى، جامائەتتىكىلەر)نىڭ نەزىرىدە «مانا مەن ئىناۋەتلىك كىشىمەن، چۈنكى مەندە بىلىم بار» دەپ كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ-تىرمىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قېرىنداشلار مۇقەددەس كىتابنىڭ بىرىنچى دەرسىنى، يەنى «ھەربىرىمىز خۇدا ئالدىدا ئاللىقاچان «ئالاھىدە بىر شەخس»» دېگەننى تېخى ئۆزلەشتۈرمىگەن. چۈنكى ھەربىرىمىز ھەممىگە قادىر خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان، ئۇنىڭ تەرىپىدىن سۆيۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىباھا قىممەتلىكتۇرمىز. «مەسىھ ئەيسا مەن ئۈچۈن پىدا بولدى» («گال.» 20:2)! مۇشۇنداق «ئۆزىنى كۆرسىتىش»تىكى تۈرتكە بولسا ئۆزىمىزنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ھەقىقەتەن سۆيۈلگەنلىكىمىزنى بىلمەسلىكىمىزدىن چىقىدۇ.

(3) باشقىلاردىن ھۆرمەت ئىزدەپ، ھوقۇقۋازلىق قىلىش ۋە باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، باشقىلارغا باش بولۇش.

(4) بەزىلەرنىڭ گەرچە مۇقەددەس يازمىلاردىن بەرگەن تەلىمى ياخشى بولسىمۇ، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى بەرگەن تەلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ھېچ ئۇن چىقارمىسا ياخشى بولاتتى؛ چۈنكى ئۇلاردىن تەلىم ئالغانلار: «بۇ تەلىم دەرۋەقە قايىل قىلارلىق بولسىمۇ، تەلىم بەرگەنلەرنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قىلمايدىكەن، ئەھمىيەتسىز تەلىم ئىكەن» دەپ، شۇ تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئېزىپ، گۇناھقا پاتىدۇ. ئېتىقادسىزلار بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ رەببىنىڭ تەلىمىنى مازاق قىلىدۇ.

ياقۇپنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن «تەلىم بەرگۈچى بولسام» دېگۈچىلەرنى سەگەكلەشتۈرسە كېرەك. ئەمدى زادى قانداق نىيەت خۇدانىڭ جامائىتىگە «تەلىم بەرگۈچى» بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدۇ؟

قايتۇرىدىغان جاۋابىمىز ئىنتايىن ئاددىي — تەلىم بەرگۈچى بولاي دېگەن نىيەت ھەرقانداق ئىشىمىزدا تېگىشلىك بولغان نىيەتكە ئوخشاش بولۇشى كېرەك — يەنى، مېھىر-

مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئىچىدە، «خۇداغا ئۆز نامىغا لايىق بولغان شان-شەرەپ كەلتۈرۈش تۈرتكىسى بولىدۇ. خۇدانىڭ جامائىتىدە «تەلىم بەرگۈچى بولاي» دېگەن كىشى خۇداغا: «بىلىمەنكى، جامائەتتە تەلىم بېرىشىم بىلەن سەن مېنى قاتتىقراق بىرخىل سوراقتا تارتىسەن. لېكىن قېرىنداشلار خۇدانىڭ تولۇق ۋەھيىدىن، مەسىھ بىزگە ئاتا قىلىشقا كەلگەن يېڭى ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن، بۇ قاتتىقراق سوراقنىڭ بېشىمغا چۈشۈشىگە رازىمەن» دېگەن كىشى بولىدۇ. ئەسلىدە دېيىشىنىڭ ھاجىتى بولماسلىقى كېرەك ئىدى، لېكىن ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇكى، بىز باشقىلارغا ئۆگەتكەن ھەممە ھالقىلىق نەرسىنىڭ ئاۋۋال ئۆز ھاياتلىرىمىزدا ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولۇشىمىز لازىمدۇر. بىز يەنە خۇدا سۆز-كالامى ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ئايان قىلغانلىرىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. مەلۇم بىر ئىشتىن خەۋەرىمىز بولمىسا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا «بىلمەيمەن» دېيىشتىن قورقماسلىق كېرەك. ياقۇپ دەل مۇشۇ خەتتە بىزنى ئەسلەتكىنىدەك (1:5-8، 13:3-18، 10:4)، بىز كىچىك پېئىل بولساق خۇدا ئۆزى بىزگە ئۆگىتىدۇ.

يەنە قوشۇپ ئېيتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇكى، جامائەتتە تەلىم بەرگۈچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغانلار (خۇدا جامائىتىگە شۇنداق تەلىم بەرگۈچىلەرنى ئاتا قىلغاي!) ھەتتا دەسلەپتە ناتوغرا تۈرتكىلەر بولمىسىمۇ، قەلبىنى ئىگەلىۋالغان، شەيتاننىڭ شۇ تۈرتكىلىرى بىلەن ئازدۇرۇشلىرىغا ئۇچرىشى مۇمكىن. «««مەن چىڭ تۇرۇپ تۇرماقتىمەن» دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن ھېزى بولسۇن!» («1كور.» 12:10).

7:5-8 «شۇڭا، قېرىنداشلار، رەببىمىزنىڭ قايتا كېلىدىغان كۈنىگىچە سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرۇڭلار. مانا، دېھقان كىشى يەرنىڭ ئېسىل مېۋىسىنى كۈتىدۇ، يەر دەسلەپكى ۋە كېيىنكى يامغۇرلارغا مۇيەسسەر بولغۇچە سەۋر-تاقەت بىلەن ئىنتىزار بولىدۇ. سىلەرمۇ سەۋر-تاقەت قىلىپ قەلبىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىڭلار. چۈنكى رەببىمىزنىڭ قايتا كېلىشى يېقىنلاپ قالدى»

پەلەستىندە «دەسلەپكى يامغۇرلار» كۈزدە، ئۇنىڭچى ئايدا ياغىدۇ. بۇ يامغۇرلار يەرنى ھەيدەشكە تۇپراقنى يۇمشىتىپ تەييارلايدۇ ۋە يېڭى چېچىلغان ئۇرۇقلارغا قۇۋۋەت بېرىدۇ.

بارلىق دېھقان دوستلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، يەر ھەيدەش ئېغىر ئىش، بولۇپمۇ يامغۇر ياغقان ۋاقىتىدا شۇنداق: «ھۇرۇن دېھقان قىشتا يەر ھەيدىمەس؛ يىغىم ۋاقتىدا ئۇ يوقلۇقتا قېلىپ ئاشلىق تىلەر» («پەند.» 4:20).

ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئاي يېقىنلاپ كەلگىنىدە دېھقان كىشى «كېيىنكى يامغۇرلار»غا تەشنا بولۇپ دۇئا قىلىدۇ. بۇ كېيىنكى يامغۇرلار ھوسۇلنى تولۇق پىشۇرىدۇ. مول ياغقان «كېيىنكى يامغۇرلار» بولسىلا، مول ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

رەببىمىز ئەيسا مۇشۇ «ئىنجىل دەۋرى»نىڭ بېشىدا مۇقەددەس روھنى مول تۆكۈشى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىردى. يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇغىنىمىزدا بىزدە مۇنداق بىر ئۈمىد پەيدا بولىدۇ: ــ ئەگەر ئىنجىل دەۋرىنىڭ بېشىدا «دەسلەپكى يامغۇرلار»دەك مۇقەددەس روھ شۇنچە مول تۆكۈلگەن بولسا، «ئىنجىل دەۋرى» ئاخىرلاشقاندا «كېيىنكى يامغۇرلار» بولامدۇ؟ ــ دېمەك، رەبنىڭ كېلىشى يېقىن كەلگەندە ئۇ قايتىدىن موللۇق بىلەن مۇقەددەس روھنى تۆكۈپ، نۇرغۇنلىغان خەلق پادىشاھلىقىغا ھوسۇلدەك كىرگۈزۈلەمدۇ؟ «ۋەھىي»گە قوشۇلغان «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىكى «7-باب ــ كەينىگە قاراش ــ «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىن چىققان مېۋە (ھوسۇل)» دېگەن ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

# ئىنجىل 21-قىسىم

# «پېترۇس 1-مەكتۇپ»

## (روسۇل پېترۇس يازغان بىرىنچى مەكتۇپ)

## كىرىش سۆز

### روسۇل پېترۇس ئۇشبۇ خەتنى كىمگە ۋە نېمە مەقسەت بىلەن يازغان؟

خەتنىڭ بېشىدا ئۇ: «پونتۇس، گالاتىيا، كاپادوكىيا، ئاسىيا ۋە بىتىنىيە ئۆلكىلىرىدە تارقاق ياشاۋاتقان مۇساپىر بەندىلەرگە» سالام يوللايدۇ. «تارقاق ياشاۋاتقان مۇساپىرلار» («دىئاسپورا») دېگەن سۆز ئادەتتە ئاسۇرىيە ۋە كېيىنكى بابىل ئىمپېرىيەسى تەرەپلىرىدىن سۈرگۈن بولغان، ئاندىن پەلەستىنگە قايتماي تارىلىپ كەتكەن يەھۇدىي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق مۇشۇ يەردە بىز بۇ سۆزنى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن، ئۇ بارلىق ئېتىقادچىلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. شۇنداق قارىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك: —

(1) 14:5دە بۇ خەتتە «سىلەرگە، يەنى مەسىھدە بولغان ھەممىڭلارغا ئامانلىق-خاتىرجەملىك يار بولغاي!» دەپ يېزىلىدۇ. بۇ خەت پەقەت يەھۇدىي ئېتىقادچى جامائەتلەرگىلا يېزىلغان بولسا، بۇنداق سالام سۆزى مۇۋاپىق بولمايتتى. «پونتۇس، گالاتىيا، كاپادوكىيا، ئاسىيا ۋە بىتىنىيە» دېگەن يەرلەردە يەھۇدىي ۋە يەھۇدىي بولمىغان ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم يىغىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى،

چۈنكى ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئورتاق تىلى، يەنى ئانا تىلى گرېك تىلى ئىدى.
(2) پېترۇسنىڭ ئىككىنچى خېتىمۇ ئوخشاشلا بىر گۇرۇپپا كىشىلەرگە يېزىلغان بولۇپ (1:1) ئۇ ئۇلارغا: «بىزنىڭ خۇدايىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ ھەققانىيلىقى ئارقىلىق بىز بىلەن ئوخشاش قىممەتلىك بىر ئېتىقادقا مۇيەسسەر قىلىنغانلارغا سالام!» دېگەن ئورتاق بىر ئىبارە بىلەن يازىدۇ.
(3) دەرۋەقە، خەتتىكى بەزى ئىبارىلەرنى يەھۇدىي ئېتىقادچىلار ياخشىراق چۈشىنەتتى (مەسىلەن، «سىلەر بولساڭلار، خۇدا تاللىغان بىر جەمەت، شاھانە بىر كاھىنلىق، پاك-مۇقەددەس بىر ئەل، شۇنداقلا ئۆزىگە ئالاھىدە خاس بولغان بىر خەلقتۇرسىلەر»، 9:2). لېكىن ئۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆتمۈشلىرىنى تىلغا ئالغاندا، بۇتپەرەسلىك تۇرمۇشنى ئۆتكۈزگەن يەھۇدىي ئەمەسلەرگە مۇۋاپىق سۆز قىلىدۇ، مەسىلەن: —
«خۇدانىڭ ئىتائەتمەن پەرزەنتلىرى سۈپىتىدە، ئىلگىرىكى غاپىللىق چاغلىرىڭلاردىكىدەك ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە بېرىلمەڭلار» (14:1)
«(خۇدا) سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن ئۆزىنىڭ تىلسىمات يورۇقلۇقىغا چاقىرغان» (9:2).
«بۇرۇن سىلەر بىر خەلق ھېسابلانمايتتىڭلار، لېكىن ھازىر خۇدانىڭ خەلقىسىلەر» (10:2). ئاساسىي جەھەتتىن بۇنداق سۆزلەر يەھۇدىي ئەمەس ئېتىقادچىلارغا مۇۋاپىق كېلەتتى.
«چۈنكى كۆڭلىرىمىزنى يات ئېتىقادسىزلارنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەن، يەنى ھەرتۈرلۈك بۇزۇقچىلىق-شەھۋانىيلىق، نەپس-ھەۋەسلەر، ھاراقكەشلىك، ئەيش-ئىشرەت، مەيخورلۇق ۋە يىرگىنچلىك بۇتپەرەسلىكلەر (يات ئەللىكلەر) ئىچىدە ئۆتكۈزگىنىمىز كۇپايە قىلار» (3:4) (مۇشۇ يەردە ئۇ «بىز» دەپ ئېيتقىنى بىلەن پېترۇس (پېترۇس يەھۇدىي، ئەلۋەتتە) «مەنمۇ ئۆتكەندە سىلەر يەھۇدىي ئەمەسلەرگە ئوخشاش گۇناھكار بولغانىدىم» دېگەندەك. ئۇ ئۆزى بۇتقا چوقۇنغان ئەمەس، ئەلۋەتتە («2پېت.» 15:3-16نىمۇ كۆرۈڭ).
(4) خەت سىلۋانۇس (قىسقارتىلغان ئىسمى «سىلاس») دېگەن ئادەمنىڭ قولى ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن. سىلۋانۇس روسۇل پاۋلۇسنىڭ سەپەردىشى ھەم خىزمەتدىشى بولغانىدى ۋە ئۇ يەھۇدىي ئەمەس بولۇشى مۇمكىن (ئىسمى يەھۇدىيلارنىڭكىگە

ئوخشمايدۇ). سلاۋانۇسنىڭ ئۇشبۇ خەتنى يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولغانلىقى بەلكىم ئۇشبۇ خەتنى قوبۇل قىلدىغان جامائەتلەرنىڭ ساپ يەھۇدىي قېرىنداشلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

(5) پېترۇسنىڭ بۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خەتلىرىدە روسۇل پاۋلۇس («يەھۇدىي ئەمەسلەرگە ئەۋەتىلگەن روسۇل»)نىڭ تەلىمى ئوچۇق تىلغا ئېلىنىدۇ، ھەتتا نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ.

ئەمدى پېترۇسنىڭ ئىككى خىل قېرىنداشلار (يەھۇدىي ھەم يەھۇدىي ئەمەسلەر)نى «تارقاق مۇساپىر» دېگىنى كۆچمە مەنىدە بولسا نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئۇلارنىڭ مۇشۇ دۇنيادا تارقاق مۇساپىر سۈپىتىدە بولغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي يۇرتى بولغان جەننەتتىن يىراق تۇرغانلىقى ئىدى.

خەت روسۇل پېترۇسنىڭ «**ئاسىيا ۋە بىتىنىيە**»دىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىر قىزىق يېرى شۇكى، روسۇللار پاۋلۇس ۋە بارناباس «كىچىك ئاسىيا»دىن ئۆتكەندە، پېترۇس تىلغا ئالغان «**ئاسىيا ۋە بىتىنىيە**» دېگەن جايلارغا يەتكەندە «**مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ ئاسىيا ئۆلكىسىدە سۆز-كالامنى جاكارلاشقا يول قويمىغان**» («روس.» 16:6-7) («**ئاسىيا ئۆلكىسى**» ئاسىيا ۋە بىتىنىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). نېمىشقا خۇدا پاۋلۇس ۋە بارناباسقا «**ئاسىيا ئۆلكىسىدە سۆز-كالامنى جاكارلاشقا**» يول قويمىغان؟ ئۇ ئالللقاچان ئۆزىنىڭ باشقا بىر خىزمەتكارى، يەنى پېترۇسنى دەل شۇ يەرگە ئەۋەتكەنمىدۇ؟!

## خەتنىڭ مەقسەتلىرى

بىز رەببىمىز تىرىلگەندىن كېيىن گالىلىيە كۆلىنىڭ بويىدا پېترۇس بىلەن قانداق سۆزلەشكىنىنى ئەسلىسەك، شۇ چاغدا رەب ئۈچ قېتىم: «مېنىڭ قوزىلىرىمنى (دېمەك، ماڭا ئەگەشكەنلەر) بېقىپ بەرگىن» دېگەن ئەمرنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. بۇ خەتتە ھەقىقىي بىر باقىقۇچىنىڭ خۇدانىڭ خەلقىگە بولغان ئىچىنى ئاغرىتىشلىرى، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئالدامچىلىقتىن ساقلاشقا بولغان غەمخورلۇقى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. خەتنى قوبۇل قىلغانلار تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ۋە زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغاچقا، دەل شۇنداق تەسەللى ۋە رىغبەتكە تولىمۇ موھتاج ئىدى.

پېترۇسنىڭ بۇ خېتىدە بىز مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا — ئازاب-ئوقۇبەت، تۆھمەتلەر، ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئالاقە، ئەر-ئاياللىق ۋە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر، قۇللار بىلەن خوجايىنلارنىڭ مۇناسىۋىتى، جامائەتتە قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە ئۆزىنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرى گۈزەل ئاددىي تىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى: «جېنىڭلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى» دېگەن بىر سۆزگە ئىخچاملىيالايمىز (9:1). بۇ ئىبارىدە مۇھىمى بىزنىڭ مەسىھدە گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى، شۇنداقلا دوزاخ ئوتلىرىدىن قۇتۇلۇشىمىز كۆزدە تۇتۇلغان ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ تۈرلۈك سىرتقى بۇلغاشلاردىن ساپ ساقلىنىش كۆزدە تۇتۇلغان؛ شۇنداق بولغاندا، قەلبىمىز خۇدا بىلەن زىچ ئالاقىدىن مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىش قىلىپ ۋە زېھنىمىزنى ئىشلىتىپ سۆز قىلالايدىغان بولىمىز؛ ھەربىرىمىز رەبنىڭ «مېڭىپ يۈرۈۋاتقان روھىي ئىبادەتخانا»سى (4:2-9)، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە تەييار تۇرغۇچىسى بولىمىز («2پېت.» 14:3). پېترۇسنىڭ ئورما ھېيتىدا ئۆز يۇرتداشلىرىغا: «ئۆزۈڭلارنى بۇ بۇزمىلانغان دەۋردىن قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن دەۋەت سۆزلىرىنى كۆرۈڭ («روس.» 40:2).

پېترۇسنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خەتلىرىدە ئىنسانىنىڭ «جېنى» ياكى «ئىچكى دۇنياسى»نىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا تەكىتلەر بار (مەسىلەن، «1پېت.» 9:1، 22:1، 11:2، 25:2، 19:4 («قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ)، «2پېت.» 2:1-8، 11:3-14نى كۆرۈڭ).

## مەزمۇن: -

1. سالام (1-باب 1-، 2-ئايەتلەر)
2. قىممەتلىك ئېتىقاد، ھەقىقىي ھايات ۋە شان-شەرەپ (1-باب 3-12-ئايەتلەر)
3. پاك-مۇقەددەسلىكتە ياشاش (1-باب 13-ئايەتتىن 2-باب 10-ئايەتكىچە)
4. ئېتىقادچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى (2-باب 11-ئايەتتىن 4-بابقىچە)
5. جامائەتكە بولغان جېكىلەشلەر (5-باب 1-11-ئايەتلەر)
6. ئاخىرقى سالام (5-باب 12-14-ئايەتلەر).

# پېترۇس «1»

## «روسۇل پېترۇس يازغان بىرىنچى مەكتۇپ»

1 1 ئەيسا مەسىھنىڭ روسۇلى بولغان مەنكى پېترۇستىن پونتۇس،
گالاتىيا، كاپادوكىيا، ئاسىيا ۋە بىتىنىيە ئۆلكىلىرىدە تارقاق
ياشاۋاتقان مۇساپىر بەندىلەرگە سالام. 2 سىلەر خۇدائاتىنىڭ
ئالدىن بىلگىنى بويىچە تاللىنىپ، روھ تەرىپىدىن پاك-مۇقەددەس
قىلىندىڭلار. بۇنىڭدىن مەقسەت، سىلەرنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ

1:1 **«ئەيسا مەسىھنىڭ روسۇلى بولغان مەنكى پېترۇستىن پونتۇس، گالاتىيا، كاپادوكىيا، ئاسىيا ۋە بىتىنىيە ئۆلكىلىرىدە تارقاق ياشاۋاتقان مۇساپىر بەندىلەرگە سالام»** — «تارقاق مۇساپىرلار» توغرۇلۇق «ياقۇپ»تىكى «كىرىش سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ. «تارقاق مۇساپىرلار» — ئاسۇرىيەنىڭ ۋە كېيىنكى بابىل ئىمپېرىيەسىدىن باشلاپ، ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ كەتكەندى. پەلەستىنگە قايتىپ كەلمەي، چەت يەرلەردە قالغان يەھۇدىيلار «تارقاق مۇساپىرلار» (گرېك تىلىدا «دىئاسپورا») دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن مۇشۇ يەردە «تارقاق ياشاۋاتقان مۇساپىر بەندىلەر» كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا خەتتە تىلغا ئېلىنغان جايلاردا تۇرۇۋاتقان بارلىق ئېتىقادچىلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز (10:2نى كۆرۈڭ).
—«تارقاق ياشاۋاتقان مۇساپىر بەندىلەر» بىزنىڭچە: (1) ئېتىقادچىلار بۇ دۇنيادا ھەقىقەتەن مۇساپىر سالاھىيىتىدە ياشايدۇ. ئۇلار يۇرتىمىز مۇشۇ يەردە ئەمەس، جەننەتتە بولىدۇ، دەپ بىلىدۇ؛ (2) ئېتىقادچىلار يەر يۈزىدىكى يۇرتلارنىڭ كۆپىنچىسىدە كۆپ سانلىقنىتەشكىل قىلمايدۇ، بەلكى تارقاق «كىچىك بىر پادا»دەك ياشاۋاتىدۇ، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. «كىرىش سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.
**1:1** ياق. 1:1.

ئىتائىتىدە بولۇشۇڭلار ۋە قېنىنىڭ ئۇستۇڭلارغا سېپىلىشى
ئۈچۈندۇر. مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك سىلەرگە ھەسسىلەپ
ئاتا قىلىنغاي!

## ھاياتلىق ئۈمىدى

[3]ئۆزىنىڭ زور رەھىمدىللىقى بىلەن، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن
تىرىلىشى ئارقىلىق بىزنى يېڭىدىن تۇغدۇرۇپ، ئۆلمەس ئۈمىدكە
نېسىۋە قىلغان رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدائاتىسىغا
مۇبارەك-مەدھىيىلەر ئوقۇلغاي! [4]دېمەك، سىلەر ئۈچۈن چىرىمەس،
داغسىز ۋە سولماس مىراس ئەرشلەردە ساقلانماقتا. [5]ئاخىر زاماندا
ئاشكارىلىنىشقا تەييارلانغان نىجات ئۈچۈن، سىلەر ئېتىقادىڭلار
بىلەن خۇدانىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق قوغدالماقتىسىلەر. [6]سىلەر
بۇ نىجاتتىن زور شادلىنىسىلەر ــ گەرچە ھازىر زۆرۈر تېپىلغاندا
سىلەرنىڭ ھەرخىل سىناقلار تۈپەيلىدىن قىسقا ۋاقىت ئازاب-ئوقۇبەت
چېكىشىڭلارغا توغرا كەلسىمۇ. [7]ئالتۇن ھامان يوقىلىپ كېتىدىغان
نەرسە بولسىمۇ، ساپلىقى ئوت بىلەن سىنىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش
ئالتۇندىن تولىمۇ قىممەتلىك بولغان ئېتىقادىڭلار سىنىلىپ
ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەيسا مەسىھ قايتا ئاشكارىلانغان

---

2:1 **«سىلەر خۇدائاتىنىڭ ئالدىن بىلگىنى بويىچە تاللىنىپ، روھ تەرىپىدىن پاك-مۇقەددەس قىلىنىدىڭلار»** ــ «روھ» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى كۆرسىتىدۇ. **«بۇنىڭدىن مەقسەت، سىلەرنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىتائىتىدە بولۇشۇڭلار ۋە قېنىنىڭ ئۇستۇڭلارغا سېپىلىشى ئۈچۈندۇر»** ــ «ئەيسا مەسىھنىڭ قېنىنىڭ ئۇستۇڭلارغا سېپىلىشى»: ــ دېمەك، ئەيسا مەسىھنىڭ قېنى «تەۋرات دەۋرى»دىكى قۇربانلىقلارنىڭ قېنىدەك، ئادەمنىڭ بەدىنى ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ۋىجدان-قەلبىگە سېپىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گۇناھلىرىدىن پاك بولىدۇ («يەش.» 15:52 ۋە ئىزاھاتىنى، «ئىبر.» 13:9، 24:12نى كۆرۈڭ).

**2:1** رىم. 7:1؛ 1كور. 3:1؛ گال. 3:1؛ ئەف. 2:1؛ 2پېت. 2:1؛ يەھ. 2.

**3:1** رىم. 23:6؛ 1كور. 20:15؛ 2كور. 3:1؛ ئەف. 3:1؛ ياق. 18:1.

**4:1** كول. 5:1؛ 2تىم. 12:1.

**6:1** رىم. 3:5؛ ئىبر. 37:10؛ 1پېت. 10:5؛ ياق. 2:1.

**ۋاقتىدا مەدھىيە، شان-شەرەپ ۋە ئىززەت-ھۆرمەت كەلتۈرىدۇ.**
**[8]ئەيسا مەسىھنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بولساڭلارمۇ، ئۇنى سۆيۈپ كەلدىڭلار؛ ۋە ھازىرمۇ ئۇنى كۆرمەيسىلەر، لېكىن ئۇنىڭغا يەنىلا ئېتىقات قىلىپ قەلبىڭلار ئىپادىلىگۈسىز شان-شەرەپكە تولغان خۇشاللىق بىلەن يايرايدۇ. [9]شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئېتىقادىڭلارنىڭ نىشانى، يەنى جېنىڭلارنىڭ نىجاتىغا مۇيەسسەر بولۇۋاتىسىلەر. [10]سىلەرگە ئاتا قىلىنغان بۇ مېھىر-شەپقەتنى ئالدىن ئېيتقان ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بۇ نىجات-قۇتقۇزۇلۇش توغرىسىدا**

---

7:1 **«ئالتۇن ھامان يوقىلىپ كېتىدىغان نەرسە بولسىمۇ، ساپلىقى ئوت بىلەن سىنىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئالتۇندىن تولىمۇ قىممەتلىك بولغان ئېتىقادىڭلار سىنىلىپ ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەيسا مەسىھ قايتا ئاشكارىلانغان ۋاقتىدا مەدھىيە، شان-شەرەپ ۋە ئىززەت-ھۆرمەت كەلتۈرىدۇ»** ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، ئالتۇننىڭ ساپلىقى ياكى ھەقىقىي ئىكەنلىكى ئوت بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. خۇدا ئېتىقادىمىزنىڭ ھەقىقىي ياكى ھەقىقىي ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى ھەمدە بىزنى بۇ جەھەتتە خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بىزنى ھەرخىل سىناقلارغا ئۇچرىتىدۇ. مۇئەللىپ مۇشۇ سىناقلار توغرۇلۇق ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدىن گۇمان قىلغان ئەمەس، ئەكسىچە 8-ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا ئىشەنچىنى بىلدۈرۈپ، دەرۋەقە ھەقىقىي، ساپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.
—«ئېتىقادىڭلار... مەدھىيە، شان-شەرەپ ۋە ئىززەت-ھۆرمەت كەلتۈرىدۇ» ــ مۇئەللىپ مۇشۇ يەردە بۇ «مەدھىيە، شان-شەرەپ ۋە ئىززەت-ھۆرمەت» كىمگە بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتمەيدۇ. بىزنىڭچە ئېتىقادىمىز سىنىلىشى ئارقىلىق «مەدھىيە، شان-شەرەپ ۋە ئىززەت-ھۆرمەت»نى ھەم رەب ئۆزىگە ھەم بىزلەرگىمۇ كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئېتىقادىمىز سىناقتىن ئۆتكۈزۈلسە، بۇ خۇدانىڭ شاپائىتى ھەم كۈچ-قۇدرىتىدىنلا بولىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭ ئارقىلىق ئۇنىڭ شاپائىتى ھەم قۇدرىتى روشەن بولىدۇ ۋە خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىسپات بولىدۇ (5-ئايەتنى كۆرۈڭ).
**7:1** يەش. 48:10؛ 1كور. 3:13؛ ياق. 3:1؛ 1پېت. 12:4.
**8:1** يۇھ. 29:20.
9:1 **«شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئېتىقادىڭلارنىڭ نىشانى، يەنى جېنىڭلارنىڭ نىجاتىغا مۇيەسسەر بولۇۋاتىسىلەر»** ــ مۇشۇ ئايەتتىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇكى، نىجاتنىڭ ھازىر نەتىجىسى ھەم مېۋىسى بار ھەمدە كەلگۈسىدە (5-ئايەتتە) مەسىھ قايتا كەلگەندە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ (نىجاتنىڭ كەلگۈسىدىكى بەخت-بەرىكەتلىرى بولسا گۇناھنىڭ ھەرقانداق تەسىرىدىن ئازاد بولۇش، يېڭى تەندە بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مۇشۇ يەردە «جېنىڭلارنىڭ نىجاتى» بەلكىم ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرسىتىدۇ، دېمەك، ئادەمنىڭ ئوي-پىكىر، ھېسسىياتلىرى ۋە مىجەزىنىڭ گۇناھنىڭ تەسىرىدىن ئازاد بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

تەپسىلىي ئىزدەنگەن، ئۇنى چۈشىنىشكە تىرىشقانىدى. [11] ئۇلاردا
بولغان مەسىھنىڭ روھى ئۇلارغا مەسىھ كەلگۈسىدە تارتىدىغان
ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە بۇلاردىن كېيىنكى كېلىدىغان شان-شەرەپلەر
توغرىسىدا ئالدىنئالا مەلۇمات بېرىپ بېشارەت كەلتۈرگىنىدە، ئۇلار
بۇ ئىشلارنىڭ قانداق يول بىلەن ۋە قايسى زاماندا يۈز بېرىدىغانلىقى
ئۈستىدە ئىزدەنگەن. [12] شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا بۇ ئىشلارنى ئالدىن
ئېيتىشى ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ
خىزمىتىڭلاردا بولغان، دەپ ئايان قىلىنغان. ئەمدى بۈگۈنكى
كۈندە بۇ ئىشلار ئەرشتىن ئەۋەتىلگەن مۇقەددەس روھنىڭ كۈچى
بىلەن سىلەرگە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىلەر ئارقىلىق سىلەرگە
جاكارلاندى. ھەتتا پەرىشتىلەرمۇ بۇ ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتىنى
سەپسىلىپ چۈشىنىۋېلىشقا تەلپۈنمەكتە.

**10:1** يار. 10:49؛ دان. 44:2؛ ھاگ. 8:2؛ زەك. 12:6.

11:1 **«ئۇلاردا بولغان مەسىھنىڭ روھى ئۇلارغا مەسىھ كەلگۈسىدە تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە بۇلاردىن كېيىنكى كېلىدىغان شان-شەرەپلەر توغرىسىدا ئالدىنئالا مەلۇمات بېرىپ بېشارەت كەلتۈرگىنىدە، ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ قانداق يول بىلەن ۋە قايسى زاماندا يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدەنگەن»** ــ «قانداق يول بىلەن» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «كىمنىڭ ۋۇجۇدىدا». بۇ ئايەتتىن شۇ روشەنكى، مەسىھ تېخى دۇنياغا كەلمىگىنى بىلەن، تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەت بېرىشى ئۇنىڭ روھى ئارقىلىق بولغان؛ مەسىھنىڭ روھى ئۇلاردا تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەسىھنىڭ كىملىكى ياكى تولۇق سالاھىيتى توغرۇلۇق خەۋىرى مۇجمەل ياكى يوق دېيەرلىك ئىدى.

**11:1** زەب. 6:22؛ يەش. 3:53؛ دان. 24:9.

12:1 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا بۇ ئىشلارنى ئالدىن ئېيتىشى ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولغان، دەپ ئايان قىلىنغان»** ــ «بۇ ئىشلار» دېگەنلىك پەيغەمبەرلەر ئالدىنئالا ئېيتقان مەسىھنىڭ ئۆلۈمى (ئازاب-ئوقۇبەتلىرى) ئارقىلىق بولغان بارلىق نىجاتلىق ئىشلار، جۈملىدىن «مۇقەددەس روھنىڭ كۈچى بىلەن» خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشنى كۆرسەتسە كېرەك.

**12:1** روس. 4:2؛ ئەف. 10:3.

## پاك ياشاڭلار

13 شۇڭا، زېھنىڭلارنىڭ بېلىنى باغلاپ، ئۆزۈڭلارنى سەگەك-
سالماق تۇتۇڭلار، ئۇمىدىڭلارنى ئەيسا مەسىھ قايتا كۆرۈنگەن كۈنىدە
سىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان بەخت-شاپائەتكە پۈتۈنلەي باغلاڭلار.
14 خۇدانىڭ ئىتائەتمەن پەرزەنتلىرى سۈپىتىدە، ئىلگىرىكى غاپىللىق
چاغلىرىڭلاردىكىدەك ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە بېرىلمەڭلار. 15 ئەكسىچە،
سىلەرنى چاقىرغۇچى پاك-مۇقەددەس بولغانىغا ئوخشاش بارلىق
يۈرۈش-تۇرۇشلىرىڭلاردا ئۆزۈڭلارنى پاك-مۇقەددەس تۇتۇڭلار. 16 چۈنكى
مۇقەددەس يازمىلاردا: «پاك-مۇقەددەس بولۇڭلار، چۈنكى مەن پاك-
مۇقەددەستۇرمەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.
17 سىلەر دۇئا قىلغىنىڭلاردا كىشىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىش-
ھەرىكىتىگە قاراپ يۈز-خاتىرە قىلماي سوراق قىلغۇچىنى
«ئاتا» دەپ چاقىرىدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا بۇ دۇنيادا مۇساپىر
بولۇپ ياشاۋاتقان ۋاقتىڭلارنى ئۇنىڭ قورقۇنچىدا ئۆتكۈزۈڭلار.
18 چۈنكى سىلەرگە مەلۇمكى، سىلەر ئاتا-بوۋىلىرىڭلار تەرىپىدىن
سىلەرگە قالدۇرۇلغان ئەھمىيەتسىز تۇرمۇشنىڭ قۇللۇقىدىن
ئازاد بولدۇڭلار. بۇ، قىممىتىنى ھامان يوقىتىدىغان ئالتۇن ياكى
كۈمۈشتەك نەرسىلەرنىڭ تۆلىمى بىلەن بولغان ئەمەس، 19 بەلكى
قىممەتلىك قېنى بىلەن، يەنى كەم-كۈتىسىز ۋە داغسىز قوزا

13:1 **«ئۇمىدىڭلارنى ئەيسا مەسىھ قايتا كۆرۈنگەن كۈنىدە سىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان بەخت-شاپائەتكە پۈتۈنلەي باغلاڭلار»** — «پۈتۈنلەي باغلاڭلار» دېگەنىنىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى: «ئاخىرغىچە باغلاڭلار».

**13:1** لۇقا 35:12؛ ئەف. 14:6.

**15:1** لۇقا 75:1.

**16:1** لاۋ. 45:11، 44؛ 2:19؛ 7:20.

**17:1** قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3.

18:1 **«ھامان قىممىتىنى يوقىتىدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشتەك نەرسىلەر»** — گرېك تىلىدا «ھامان چىرىيدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشتەك نەرسىلەر».

**18:1** 1كور. 20:6؛ 23:7.

**كەبى مەسىھنىڭ قىممەتلىك قېنىنىڭ بەدىلىگە كەلدى.** [20]**ئۇ**
**دەرۋەقە دۇنيا ئاپىرىدە قىلىنىشتىن ئىلگىرىلا** خۇدا تەرىپىدىن
**شۇ سۈپەتتە تونۇلغان، هازىر ئۇ زامانلارنىڭ مۇشۇ ئاخىرقى**
**ۋاقىتلىرىدا سىلەر ئۈچۈن** بۇ دۇنياغا ئەۋەتىلىپ **ئاشكارا قىلىندى.** [21]**سىلەر ئۇنىڭ ئارقىلىق ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈپ،**
**ئۇنىڭغا شان-شەرەپ بەرگەن خۇداغا ئېتىقاد قىلىۋاتىسىلەر.**
**خۇدانىڭ** شۇنى قىلغىنى **ئېتىقادىڭلار ۋە ئۈمىدىڭلار ئۆزىگە**
**باغلانسۇن ئۈچۈندۇر.**
[22]**سىلەر ھەقىقەتكە ئىتائەت قىلغانلىقىڭلاردىن قەلبىڭلارنى**
**پاكلاپ، قېرىنداشلارنى سۆيىدىغان ساختىسىز مېھىر-مۇھەببەتكە**
**كىرىشتىڭلار؛ شۇڭا، بىر-بىرىڭلارنى چىن قەلبىڭلاردىن قىزغىن**
**سۆيۈڭلار.** [23]**چۈنكى سىلەر يېڭىۋاشتىن تۇغۇلدۇڭلار — بۇ چىرىپ**
**كېتىدىغان ئۇرۇق ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى چىرىماس ئۇرۇق،**
**يەنى خۇدانىڭ هاياتىي كۈچكە ئىگە ۋە مەڭگۈ تۇرىدىغان سۆز-**

---

**19:1** روس. 28:20؛ ئىبر. 12:9؛ ۋەھ. 5:1.

20:1 **«ئۇ زامانلارنىڭ مۇشۇ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا سىلەر ئۈچۈن بۇ دۇنياغا ئەۋەتىلىپ ئاشكارا قىلىندى»** — «زامانلارنىڭ مۇشۇ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى» دېگەنلىك ئەيسا مەسىھنىڭ بىرىنچى قېتىم بۇ دۇنياغا كېلىشىدىن تارتىپ، ئىككىنچى قېتىم كېلىشىگىچە بولغان ۋاقىت، يەنى «ئىنجىل دەۋرى»نى كۆرسىتىدۇ.

**20:1** رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 2:1.

**21:1** روس. 33:2؛ فىل. 9:2.

**22:1** رىم. 10:12؛ ئەف. 3:4؛ ئىبر. 1:13؛ 1پېت. 17:2.

كالامى ئارقىلىق بولدى. [24] چۈنكى خۇددى مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك:

«بارلىق ئەت ئىگىلىرى ئوت-چۆپتۇر، خالاس،
ئۇلارنىڭ بارلىق شان-شەرىپى دالادىكى گۈلگە ئوخشاش؛
ئوت-چۆپ سولىشىدۇ، گۈل خازان بولىدۇ،
[25] بىراق رەببىنىڭ سۆز-كالامى مەڭگۈگە تۇرىدۇ!»

سىلەرگە يەتكۈزۈلگەن خۇش خەۋەردە جاكارلانغان سۆز-كالام دەل شۇدۇر.

2 [1] شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بارلىق رەزىللىك، بارلىق مەككارلىق، ساختىپەزلىك، ھەسەتخورلۇق ۋە ھەممە تۆھمەتخورلۇقلارنى تاشلاپ، [2-3] رەببىنىڭ مېھرىبانلىقىنى تېتىپ بىلگەنىكەنسىلەر، خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردەك بولۇپ خۇدانىڭ سۆز-كالامىدىكى ساپ سۈتكە تەشنا بولۇڭلار. بۇنىڭ بىلەن، سىلەر نىجاتنىڭ كامالىتىگە

23:1 «چۈنكى سىلەر يېڭىۋاشتىن تۇغۇلدۇڭلار — بۇ چىرىپ كېتىدىغان ئۇرۇق ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى چىرىماس ئۇرۇق، يەنى خۇدانىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ۋە مەڭگۈ تۇرىدىغان سۆز-كالامى ئارقىلىق بولدى» — مۇشۇ يەردە «چىرىپ كېتىدىغان ئۇرۇق» دېگەنىنىڭ مەنىسى بەلكىم «ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىنسانلار (چىرىپ كېتىدىغان ئەت ئىگىلىرى)»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن — دېمەك، ھېچكىم ئېتىقادچى بولغان ئاتا-ئانىسىدىن ياكى مەلۇم مىللەتتىن (مەسىلەن، يەھۇدىيلاردىن) تۇغۇلغانلىقى بىلەن يېڭى ھاياتقا ئېرىشمەيدۇ. ھەر ئادەم ئۆزى ئېتىقاد بىلەن «قايتا (يېڭىدىن) تۇغۇلۇشى» كېرەكتۇر.
23:1 ياق. 1:18؛ 1يۇھ. 3:9.
24:1 يەش. 40:6-8؛ 1كور. 7:31؛ ياق. 1:10؛ 4:14؛ 1يۇھ. 2:17.
25:1 «بارلىق تەن ئىگىلىرى ئوت-چۆپتۇر، خالاس، ئۇلارنىڭ بارلىق شان-شەرىپى دالادىكى گۈلگە ئوخشاش؛ ئوت-چۆپ سولىشىدۇ، گۈل خازان بولىدۇ، بىراق رەببىنىڭ سۆز-كالامى مەڭگۈگە تۇرىدۇ!» — بۇ سۆزلەر «يەش.» 40:6، 8 (LXX)تىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن
1:2 مات. 18:3؛ رىم. 6:4؛ 1كور. 14:20؛ ئەف. 4:23؛ كول. 3:8؛ ئىبر. 12:1.

يېتىپ ئۆسسىلەر.
4 ئەمدى سىلەر ئۇنىڭغا، يەنى ئادەملەر تەرىپىدىن ئەرزىمەس دەپ
تاشلىنىپ، لېكىن خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان ۋە قەدىرلەنگەن تىرىك
تاش بولغۇچىنىڭ يېنىغا كېلىپ 5 سىلەر ئۆزۈڭلارمۇ تىرىك تاشلار
سۈپىتىدە بىر روھىي ئىبادەتخانا قىلىنىشقا، ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق
خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان روھىي قۇربانلىقلارنى سۇنىدىغان
مۇقەددەس كاھىن قاتارىدىكىلەر بولۇشقا قۇرۇلۇۋاتىسىلەر؛ 6 چۈنكى
مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق دېيىلگەن: ــ

---

**3-2:2** **«رەبنىڭ مېھربانلىقىنى تېتىپ بىلگەنىكەنسىلەر»** ــ «زەب.» 8:34. **«خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردەك بولۇپ خۇدانىڭ سۆز-كالامىدىكى ساپ سۈتكە تەشنا بولۇڭلار»** ــ «خۇدانىڭ سۆز-كالامىدىكى ساپ سۈت» ياكى «روھىي ساپ سۈت». **«بۇنىڭ بىلەن، سىلەر نىجاتىنىڭ كامالىتىگە يېتىپ ئۆسسىلەر»** ــ «نىجات» توغرۇلۇق «كىرىش سۆز» ۋە «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**3-2:2** زەب. 8:34

**4:2** **«ئەمدى سىلەر ئۇنىڭغا، يەنى ئادەملەر تەرىپىدىن ئەرزىمەس دەپ تاشلىنىپ، لېكىن خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان ۋە قەدىرلەنگەن تىرىك تاش بولغۇچىنىڭ يېنىغا كېلىپ...»** ــ «تىرىك تاش بولغۇچى» ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ خۇدانىڭ سالماقچى بولغان ئىبادەتخانىسىنىڭ تىرىك ئۇل تېشىدۇر. بارلىق ئېتىقادچىلار ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنىپ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىپ «خۇدانىڭ تىرىك، كۆنمۇ-كۈن ئۆسۈۋاتقان (روھىي) ئىبادەتخانىسى» بولۇشقا قۇرۇلماقتا.

**4:2** ئەف. 20:2.

**5:2** **«سىلەر ئۆزۈڭلارمۇ تىرىك تاشلار سۈپىتىدە بىر روھىي ئىبادەتخانا قىلىنىشقا، ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان روھىي قۇربانلىقلارنى سۇنىدىغان مۇقەددەس كاھىن قاتارىدىكىلەر بولۇشقا قۇرۇلۇۋاتىسىلەر»** ــ «روھىي قۇربانلىقلار» قوي-كالىلاردىن ئەمەس، بەلكى خۇداغا سۇنۇلغان رەھمەت-مەدھىيىلەر ۋە خىزمىتىدىكى ئىشلار، شۇنداقلا باشقىلارغا كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببەت، خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلاردىن بولىدۇ.
ــ«مۇقەددەس كاھىنلىق قاتارىدىكىلەر» «لاۋىيلار»دىن بولغان كاھىنلىق ئەمەس، يېڭى ئەھدىگە باغلانغان روھىي كاھىنلىق تۈزۈمىدىن بولىدۇ.

**5:2** رىم. 1:12؛ ئىبر. 6:3؛ 28:12؛ ۋەھ. 6:1؛ 10:5.

«مانا، تاللانغان، قەدىرلەنگەن بۇرجەك ئۇل تېشىنى زىئونغا قويدۇم. ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەركىم ھەرگىز يەرگە قاراپ قالمايدۇ».

[8-7] ئەمدى ئېتىقاد قىلغۇچى بولغان سىلەرگە نىسبەتەن تاشنىڭ
قەدىرى بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارغا نىسبەتەن
ئۇ مۇقەددەس يازمىلاردا دېيىلگىنىدەك بولدى: ــ

«تامچىلار ئەرزىمەس دەپ تاشلىۋەتكەن بۇ تاش،
بۇرجەك ئۇل تېشى بولۇپ تىكلەندى!»،
ۋە: ــ «بۇ تاش كىشىلەرگە پۇتلىكاشاڭ تاش،
ئادەمنى يىقىتىدىغان قورام تاش بولىدۇ».

چۈنكى مۇشۇنداق كىشىلەر خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا ئىتائەت
قىلماسلىقى تۈپەيلىدىن پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بۇنداق
بولۇشى ئالدىن بېكىتىلگەندۇر.
[9] لېكىن سىلەر بولساڭلار خۇدا تاللىغان بىر جەمەت، شاھانە بىر
كاھىنلىق، پاك-مۇقەددەس بىر ئەل، شۇنداقلا ئۆزىگە ئالاھىدە خاس
بولغان بىر خەلقسىلەر؛ بۇنىڭ مەقسىتى، سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن
ئۆزىنىڭ تىلسىمات يورۇقلۇقىغا چاقىرغۇچىنىڭ پەزىلەتلىرىنى

6:2 **«مانا، تاللانغان، قەدىرلەنگەن بۇرجەك ئۇل تېشىنى زىئونغا قويدۇم. ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەركىم ھەرگىز يەرگە قاراپ قالمايدۇ»** ــ «يەش.» 16:28نى كۆرۈڭ. «زىئون» ــ قەدىمكى ئىسرائىلنىڭ پايتەختى، يېرۇسالېمنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر.

**6:2** يەش. 16:28.

8-7:2 **«ئەمدى ئېتىقاد قىلغۇچى بولغان سىلەرگە نىسبەتەن تاشنىڭ قەدىرى بولىدۇ»** ــ ياكى، «بۇ ئۇل تېشى ئېتىقاد قىلغان سىلەرگە نىسبەتەن قىممەتلىكتۇر». **«تامچىلار ئەرزىمەس دەپ تاشلىۋەتكەن بۇ تاش، بۇرجەك ئۇل تېشى بولۇپ تىكلەندى!»، ۋە: ــ «بۇ تاش كىشىلەرگە پۇتلىكاشاڭ تاش، ئادەمنى يىقىتىدىغان قورام تاش بولىدۇ»** ــ «زەب.» 22:118، «يەش.» 14:8.

**8-7:2** زەب. 22:118؛ مات. 42:21؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ يەش. 14:8.

نامايان قىلىشىڭلاردىن ئىبارەت. 10 بۇرۇن سىلەر بىر خەلق
ھېسابلانمايتتىڭلار، لېكىن ھازىر خۇدانىڭ خەلقىسىلەر؛ بۇرۇن
خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشمىگەنىدىڭلار، لېكىن ھازىر
ئېرىشتىڭلار.

## خۇدانىڭ سادىق خىزمەتكارلىرى بولۇڭلار

11 ئى سۆيۈملۈكلىرىم، سىلەر بۇ دۇنياغا مۇساپىر ۋە مېھماندۇرسىلەر،
سىلەردىن ئۆتۈنۈمەنكى، روھ-قەلبىڭلار بىلەن قارشىلىشىدىغان
ئەتلىرىڭلاردىكى نەپس-شەھۋەتلەردىن ئۆزۈڭلارنى يىراق تۇتۇڭلار.
12 يۈرۈش-تۇرۇشۇڭلار ئېتىقادسىزلار ئارىسىدا ئېسىل-پەزىلەتلىك
بولسۇن. مۇشۇنداق قىلغاندا، گەرچە ئۇلار سىلەرگە يامانلىق
قىلغۇچىلار دەپ تۆھمەت قىلسىمۇ، دەل تۆھمەت قىلغان ئىشلاردا
سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ، خۇدانىڭ ئۇلارنى

---

9:2 **«لېكىن سىلەر بولساڭلار خۇدا تاللىغان بىر جەمەت، شاھانە بىر كاھىنلىق، پاك-مۇقەددەس بىر ئەل، شۇنداقلا ئۆزىگە ئالاھىدە خاس بولغان بىر خەلقسىلەر؛ بۇنىڭ مەقستى، سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن ئۆزىنىڭ تىلسىمات يورۇقلۇقىغا چاقىرغۇچىنىڭ پەزىلەتلىرىنى نامايان قىلىشىڭلاردىن ئىبارەت»** — «مىس.» 5:19-6، 22:23 (LXX)، «يەش.» 20:43-21، «مال.» 17:3نى كۆرۈڭ.

**9:2** مىس. 5:19؛ قان. 6:7؛ 2:14؛ 18:26؛ ئەف. 14:1؛ ۋەھ. 6:1؛ 10:5.

10:2 **«بۇرۇن سىلەر بىر خەلق ھېسابلانمايتتىڭلار، لېكىن ھازىر خۇدانىڭ خەلقىسىلەر؛ بۇرۇن خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشمىگەنىدىڭلار، لېكىن ھازىر ئېرىشتىڭلار»** — «ھوش.» 6:1-9، 23:2نى كۆرۈڭ.

**10:2** ھوش. 1:2؛ 25:2؛ رىم. 26:9.

11:2 **«سىلەردىن ئۆتۈنۈمەنكى، روھ-قەلبىڭلار بىلەن قارشىلىشىدىغان ئەتلىرىڭلاردىكى نەپس-شەھۋەتلەردىن ئۆزۈڭلارنى يىراق تۇتۇڭلار»** — گرېك تىلىدا «روھ-قەلب» مۇشۇ يەردە «جان» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

—«ئەتلىرىڭلاردىكى (ياكى پەقەت «ئەتلەردىكى») نەپس-شەھۋەتلەر» — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، ئىنجىلدا «ئەت» بولسا ئادەتتە «گۇناھنىڭ قورالى»، يەنى گۇناھ ئەتلىرىمىزنى قورال قىلىپ ئۇ ئارقىلىق بىزنى ئازدۇرىدىغانلىقى ۋە باشقۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»نى كۆرۈڭ.

**11:2** رىم. 14:13؛ گال. 16:5.

ئويغىتىپ يوقلايدىغان كۈنىدە ئۇنى ئۇلۇغلىشى مۇمكىن. [13-14] شۇڭا
رەبنىڭ ھۆرمىتىدە ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەربىر ھاكىمىيەتنىڭ
تۈزۈمىگە، مەيلى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپتىكى پادىشاھقا بولسۇن
ياكى ئۇ تەيىنلىگەن ھوقۇقدارلارغا بولسۇن بويسۇنۇڭلار. چۈنكى بۇ
ھوقۇقدارلار پادىشاھ تەرىپىدىن يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جازاغا
تارتىش، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىش ئۈچۈن
تەيىنلەنگەندۇر. [15] چۈنكى خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇنداقكى، ياخشى
ئەمەللىرىڭلار بىلەن نادان ئادەملەرنىڭ ئورۇنسىز شىكايەتلىرىنى
تۇۋاقلاشتۇر. [16] سىلەر ئەركىن-ئازاد بولغىنىڭلار بىلەن، بۇ
ئەركىنلىكىڭلارنى يامانلىق قىلىشنىڭ باھانىسى قىلىۋالماڭلار،

---

12:2 **«يۈرۈش-تۇرۇشۇڭلار ئېتىقادسىزلار ئارىسىدا ئېسىل-پەزىلەتلىك بولسۇن»** — «ئېتىقادسىزلار» مۇشۇ يەردە «يات ئەللىكلەر» ياكى «يات ئەللەر» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ سۆز «يەھۇدىي بولمىغان ئەللەر»نى كۆرسىتىدۇ، لېكىن مۇشۇ يەردە كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. **«مۇشۇنداق قىلغاندا، گەرچە ئۇلار سىلەرگە يامانلىق قىلغۇچىلار دەپ تۆھمەت قىلسىمۇ، دەل تۆھمەت قىلغان ئىشلاردا سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ، خۇدانىڭ ئۇلارنى ئويغىتىپ يوقلايدىغان كۈنىدە ئۇنى ئۇلۇغلىشى مۇمكىن»** — «خۇدانىڭ ئويغىتىپ يوقلايدىغان كۈنى» دېگەنلىك گرېك تىلىدا «يوقلاش كۈنى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خۇدانىڭ ئادەمنى «يوقلىغاندا» ئىككى خىل نەتىجىنىڭ بىرى بولىدۇ: (1) بەخت-بەرىكەت، خۇدا شاپائىتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ، ئىنساننى توۋا قىلىشقا ئويغىتىدۇ؛ (2) خۇدا ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى جازالايدۇ.

—مۇشۇ يەردىكى نەتىجە ياخشى بولغاچقا، «ئويغىتىپ يوقلاش» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

**12:2** مات. 16:5؛ لۇقا 68:1؛ 44:19؛ رىم. 17:12؛ 2كور. 21:8؛ فىل. 15:2؛ تىت. 8:2؛ 1پېت. 16:3.

**13:2-14** رىم. 1:13؛ تىت. 1:3.

**15:2** تىت. 8:2.

بەلكى خۇدانىڭ قۇلى سۈپىتىدە بولۇپ، [17] بارلىق ئىنسانلارنى
ھۆرمەتلەڭلار، ئېتىقادچى قېرىنداشلىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسىتىڭلار، خۇدادىن قورقۇڭلار، پادىشاھنى ھۆرمەتلەڭلار.

## ئەيسا مەسىھ سەۋر قىلىشنىڭ ئۈلگىسىدۇر

[18] قۇللار، خوجايىنلىرىڭلارغا تولۇق قورقۇنچ بىلەن بويسۇنۇڭلار
ــ يالغۇز مېھرىبان ۋە خۇش پېئىل خوجايىنلارغىلا ئەمەس، بەلكى
تېرىككەك خوجايىنلارغىمۇ بويسۇنۇڭلار. [19] چۈنكى ئەگەر بىرسى خۇدا
ئالدىدا پاك ۋىجدانلىق بولۇش ئۈچۈن ناھەق ئازاب-ئوقۇبەت چەكسە

16:2 **«سىلەر ئەركىن-ئازاد بولغىنىڭلار بىلەن،...»** ــ بىزنىڭچە، شۈبھىسىزكى، روسۇل پېترۇس مۇشۇ يەردە رەب ئەيسانىڭ «مات.» 17:24-27دە ئۆزىگە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ. **«بۇ ئەركىنلىكىڭلارنى يامانلىق قىلىشنىڭ باھانىسى قىلىۋالماڭلار»** ــ گرېك تىلىدا «بۇ ئەركىنلىكىڭلارنى يامانلىق قىلىشنىڭ نىقابى قىلىۋالماڭلار». **«بەلكى خۇدانىڭ قۇلى سۈپىتىدە بولۇپ...»** ــ «خۇدانىڭ قۇلى» توغرىسىدا: ــ ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىقكى، تەۋرات-ئىنجىل بويىچە خۇدانىڭ قۇللۇقىدا بولۇش ئادەمنىڭ تولۇق ئەركىنلىكى، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولمىسا «خۇدانىڭ قۇللۇقىدا بولۇش» ھېسابلانمايدۇ. خۇدانىڭ قۇللۇقىدا بولۇش ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئۇلۇغ ئىمتىيازدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى مەسىھ كۆپ يەرلەردە «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» دەپ ئاتىلىدۇ (مەسىلەن، «يەش.» 42:1دە ۋە باشقا كۆپ يەرلەردە). تەۋراتتا، يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدىكى «پەرۋەردىگارنىڭ قۇلى» توغرۇلۇق بېشارەتلەرنى كۆرۈڭ).

16:2 يۇھ. 8:32؛ رىم. 6:18؛ گال. 5:1.

17:2 **«خۇدادىن قورقۇڭلار، پادىشاھنى ھۆرمەتلەڭلار»** ــ خۇدانىڭ قورقۇنچى بولمىسا ھۆكۈمدارلارنى ھۆرمەتلەش پەقەت ئىنسانلاردىن قورقۇش بولىدۇ، خالاس. مەسىلەن، روسۇل پېترۇسنىڭ «روس.» 4:19دە خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىنى كۆرۈڭ.

17:2 مات. 22:21؛ رىم. 12:10؛ ئەف. 4:3؛ ئىبر. 13:1؛ 1پېت. 1:22؛ 5:5.

18:2 **«قۇللار، خوجايىنلىرىڭلارغا تولۇق قورقۇنچ بىلەن بويسۇنۇڭلار»** ــ «قۇللار» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە ھەم قۇللارنى ھەم ئۆي خىزمەتكارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ــ **«تولۇق قورقۇنچ بىلەن بويسۇنۇڭلار»** ــ «تولۇق قورقۇنچ بىلەن» دېگەن سۆزلەر گرېك تىلىدا «بارلىق قورقۇنچ بىلەن» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەنىسى شۈبھىسىزكى، قۇللارنىڭ خوجايىنلىرىنى ھۆرمەتلىشىدە **خۇدادىن قورقۇشنىڭ** تۈرتكىسى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، «كول.» 22:3 ۋە «ئەف.» 5:6-7نى كۆرۈڭ.

18:2 ئەف. 5:6؛ كول. 22:3؛ 1تىم. 1:6؛ تىت. 9:2.

ھەمدە بۇلارغا سەۋر-تاقەت قىلسا، بۇ خۇدانى خۇرسەن قىلىدۇ.
[20] چۈنكى ئەگەر سىلەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، تېگىشلىك ئۇرۇلغىنىڭلاردا،
ئۇنىڭغا بەرداشلىق بەرسەڭلار، بۇنىڭ ماختانغۇدەك نېمىسى بار!
لېكىن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئازاب-ئوقۇبەت چەكسەڭلار ھەمدە
ئۇنىڭغا بەرداشلىق بەرسەڭلار، ئۇ خۇدانى خۇرسەن قىلىدۇ. [21] چۈنكى
سىلەر دەل شۇنىڭغا چاقىرىلدىڭلار. چۈنكى مەسىھمۇ سىلەر ئۈچۈن
ئازاب-ئوقۇبەت چېكىپ، سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئىزىدىن ماڭسۇن دەپ،
سىلەرگە ئۈلگە قالدۇردى؛ [22] «ئۇ گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغان، ئۇنىڭ
ئاغزىدىن ھېچقانداق ئالدامچىلىق-يالغانچىلىقمۇ تېپىلماس». [23] ئۇ
ھاقارەتلەنگىنىدە، تىل قايتۇرمايتتى. ئازاب-ئوقۇبەت چەككەندە،
ئۇ ھېچ تەھدىت سالمايتتى؛ ئەكسىچە، ئۆزىنى ئادىل ھۆكۈم
چىقارغۇچىنىڭ قوللىرىغا تاپشۇراتتى. [24] ئۇ ئۆزى بىزنىڭ گۇناھقا

---

19:2 **«ئەگەر بىرسى خۇدا ئالدىدا پاك ۋىجدانلىق بولۇش ئۈچۈن ناھەق ئازاب-ئوقۇبەت چەكسە...»** — بۇنىڭ ئىككى مەنىسى بولۇشى مۇمكىن: — (1) بۇ ئادەم ۋىجدانى ئارقىلىق مەلۇم بىر ئىشنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ ياخشى ئىشقا ئەمەل قىلىدۇ، لېكىن خوجايىنى ياخشى قىلغىنىنى چۈشەنمەيلا ئۇنى جازالايدۇ؛ قۇل بۇ ناھەقلىككە سەۋر-تاقەت قىلىدۇ؛ (2) قۇل-خىزمەتكار خىزمىتىنى ياخشى، پۇختا قىلسىمۇ، خوجايىن بەرىبىر ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ.
—قۇل-خىزمەتكار قورقۇنچتىن ئەمەس، بەلكى خۇدانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن، ھەممىگە قادىرنىڭ ئۆزى بۇ يامان ئىشلارغا ئۆز ياخشى مەقسەتلىرى بىلەن يول قويغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، بۇ يامان مۇئامىلىگە سەۋر-تاقەت قىلىپ چىداپ، خوجايىنىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.

**19:2** مات. 10:5.

**20:2** 1پېت. 14:3؛ 14:4.

**21:2** يـۇھ. 15:13؛ فىل. 2:5؛ 1يۇھ. 6:2.

22:2 **«ئۇ گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھېچقانداق ئالدامچىلىق-يالغانچىلىقمۇ تېپىلماس»** — بۇ سۆزلەر «يەش.» 9:53دىن ئېلىنغان.

**22:2** يەش. 9:53؛ 2كور. 21:5؛ 1يۇھ. 5:3.

23:2 **«ئۇ ھاقارەتلەنگىنىدە، تىل قايتۇرمايتتى. ئازاب-ئوقۇبەت چەككەندە، ئۇ ھېچ تەھدىت سالمايتتى؛ ئەكسىچە، ئۆزىنى ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچىنىڭ قوللىرىغا تاپشۇراتتى»** — پېترۇسنىڭ بۇ سۆزىدە «يەش.» 7:53دىكى بېشارەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**23:2** مات. 39:27؛ يـۇھ. 8:49، 48.

نىسبەتەن ئۆلۈپ، ھەققانىيلىققا نىسبەتەن ياشىشىمىز ئۈچۈن
ياغاچ تۈۋرۈكتە گۇناھلىرىمىزنى زىممىسىگە ئالدى؛ سىلەر ئۇنىڭ
يارىلىرى بىلەن شىپا تاپتىڭلار. [25] چۈنكى بۇرۇن سىلەر قويلاردەك
يولدىن ئېزىپ كەتكەنىسىلەر، لېكىن ھازىر جېنىڭلارنىڭ پادىچىسى
ھەم يېتەكچىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىڭلار.

## ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت

3 [1-2] شۇنىڭغا ئوخشاش، ئى ئاياللار، سىلەر ئەرلىرىڭلارغا
بويسۇنۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ھەتتا سۆز-كالامغا ئىتائەت
قىلمايدىغان ئەرلەر بولسا، ئۆز ئاياللىرىنىڭ بۇ پەزىلىتىدىن
تەسىرلىنىپ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن پاك يۈرۈش-
تۇرۇشلىرىڭلارغا قاراپ، گەپ-سۆزسىزلا قايىل قىلىنىدۇ. [3] گۈزەللىكىڭلار
سىرتقى كۆرۈنۈشتىن، يەنى ئالاھىدە ئۆرۈۋالغان چېچىڭلار ۋە تاقىغان
ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەردىن ياكى ئېسىل كىيىملەردىن بولمىسۇن،
[4] بەلكى «قەلبىڭلاردىكى ئۆزۈڭلار»، يەنى مۆمىن ۋە تىنچ روھتىن

---

24:2 **«ئۇ ئۆزى بىزنىڭ گۇناھقا نىسبەتەن ئۆلۈپ، ھەققانىيلىققا نىسبەتەن ياشىشىمىز ئۈچۈن ياغاچ تۈۋرۈكتە گۇناھلىرىمىزنى زىممىسىگە ئالدى؛ سىلەر ئۇنىڭ يارىلىرى بىلەن شىپا تاپتىڭلار»** — «ياغاچ تۈۋرۈكتە» (گرېك تىلىدا «دەرەختە»)، «كرېست»نى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «دەرەخ» ئېرەم باغچىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى دەرەخنى، شۇنداقلا تەۋراتتىكى كۆپ باشقا يەرلەردە دېيىلگەن «دەرەخ» توغرىسىدىكى تېمىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىگە كەلتۈرىدۇ (مەسىلەن، «مىس.» 15:23-26، «قان.» 21:22-23، «پەند.» 3:18، 11:30 قاتارلىقلار).

**24:2** يەش. 4:53؛ مات. 17:8؛ رىم. 11:6.

25:2 **«چۈنكى بۇرۇن سىلەر قويلاردەك يولدىن ئېزىپ كەتكەنىسىلەر...»** — گرېك تىلىدا «كېتىۋاتاتتىڭلار». «يەش.» 6:53نى كۆرۈڭ. **«لېكىن ھازىر جېنىڭلارنىڭ پادىچىسى ھەم يېتەكچىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىڭلار»** — «جېنىڭلارنىڭ پادىچىسى ھەم (قوغدايدىغان) يېتەكچىسى» رەب ئەيسا مەسىھ، ئەلۋەتتە.

**25:2** يەش. 6:53؛ ئەز. 6:34؛ لۇقا 4:15.

**1:3-2** يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 22:5؛ كول. 18:3؛ تىت. 5:2.

**3:3** 1تىم. 9:2؛ تىت. 3:2.

**بولغان چىرىماس گۈزەللىكتىن بولسۇن؛ بۇنداق گۈزەللىك خۇدانىڭ ئالدىدا ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. [5] چۈنكى بۇرۇنقى چاغلاردا، خۇداغا ئۈمىدىنى باغلىغان ئىخلاسمەن ئاياللار دەل مۇشۇنداق گۈزەللىك بىلەن ئۆزلىرىنى زىننەتلەپ، ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلاتتى. [6] دەل مۇشۇنداق يولدا ساراھ ئىبراھىمنى «غوجام» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بويسۇناتتى. سىلەر ھېچقانداق ۋەسۋەسىلەردىن قورقماي ئىشلارنى دۇرۇس قىلساڭلار، سىلەرمۇ ساراھنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان بولىسىلەر.**

**[7] شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەي ئەرلەر، سىلەرمۇ ئاياللىرىڭلار بىلەن تۇرۇشتا، ئۇلارنى ئايال كىشىلەر بىزدىن ئاجىز بەندىلەر دەپ بىلىپ ئۇلارنى چۈشىنىپ يېتىڭلار؛ سىلەر ئۇلار بىلەن خۇدا شاپائەت قىلغان**

4:3 «**بەلكى «قەلبىڭلاردىكى ئۆزۈڭلار»، يەنى مۆمىن ۋە تىنچ روھتىن بولغان چىرىماس گۈزەللىكتىن بولسۇن**» — «قەلبىڭلاردىكى ئۆزۈڭلار» گرېك تىلىدا «قەلبىدىكى ئىچكى ئىنسان» دېگەن سۆز بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ.

5:3 «**خۇداغا ئۈمىدىنى باغلىغان ئىخلاسمەن ئاياللار**» — «ئىخلاسمەن» مۇشۇ يەردە «مۇقەددەس» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

6:3 «**سىلەر ھېچقانداق ۋەسۋەسىلەردىن قورقماي ئىشلارنى دۇرۇس قىلساڭلار، سىلەرمۇ ساراھنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان بولىسىلەر**» — «ھېچقانداق ۋەسۋەسىلەردىن قورقماي ئىشلارنى دۇرۇس قىلساڭلار» دېگەنلىكتە تەكىتلەيدىغان ئىش بەلكىم، ئاياللار ئۆز يولداشلىرىنى ھۆرمەتلىشى بىلەن تەڭ ئۇلاردىن ھېچقانداق قورقماسلىقى، بەلكى خۇدادىنلا قورقۇپ، ئىخلاسمەن بولۇشى كېرەك. دېمەك، ئاياللارنىڭ دۇرۇس ئىشلارنى قىلىشىنىڭ تۈرتكىسى ئەرلىرىدىن قورقۇش ئەمەس، بەلكى خۇداغا ئىخلاسمەن بولۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

**6:3** يار. 12:18.

ھاياتقا ئورتاق مىراسخور بولۇپ، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار. شۇنداق
قىلساڭلار، دۇئالىرىڭلار توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ.

## ھەققانىيلىق ئۈچۈن ئازاب چېكىش

[8] ئاخىرىدا، ھەممىڭلار بىر نىيەت بىر مەقسەتتە، بىر-بىرىڭلارغا
ھەمدەرد بولۇپ، بىر-بىرىڭلارنى قېرىنداشلارچە سۆيۈڭلار، ئىچ-
باغرى يۇمشاق ۋە كەمتەر بولۇڭلار. [9] يامانلىققا يامانلىق، ئاھانەتكە
ئاھانەت بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە، بەخت تىلەش بىلەن جاۋاب
قايتۇرۇڭلار. چۈنكى سىلەر دەل بۇ ئىشقا چاقىرىلغانسىلەر؛ شۇنىڭ
بىلەن ئۆزۈڭلار بەختكە مىراسخور بولىسىلەر. [10] چۈنكى مۇقەددەس
يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك: ــ

«كىمكى ھاياتنى سۆيۈپ، ياخشى كۈن كۆرگۈچى بولاي دېسە،
تىلىنى يامانلىقتىن تارتسۇن،
لەۋلىرى مەككارلىقتىن نېرى بولسۇن؛
[11] يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتىپ،

---

7:3 **«شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەي ئەرلەر، سىلەرمۇ ئاياللىرىڭلار بىلەن تۇرۇشتا، ئۇلارنى ئايال كىشىلەر بىزدىن ئاجىز بەندىلەر دەپ بىلىپ ئۇلارنى چۈشىنىپ يېتىڭلار»** ــ «ئاجىز بەندە» گرېك تىلىدا «ئاجىز قاچا-قۇچا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. روسۇل پېترۇسنىڭ مۇشۇ يەردە ھەم ئەرلەر ھەم ئاياللارمۇ خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولغان قوراللار ياكى ئەسۋابلار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچى. مۇشۇ يەردە «چۈشىنىپ يېتىش» گرېك تىلىدا «بىلىش» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «يار.» 1:4 ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ. بۇ ئىبارە ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۆز جىنسىي مۇھەببىتىگە بولغان موھتاجلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«سىلەر ئۇلار بىلەن خۇدا شاپائەت قىلغان ھاياتقا ئورتاق مىراسخور بولۇپ، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار»** ــ «خۇدا شاپائەت قىلغان ھاياتقا مىراسخور» ــ گرېك تىلىدا «ھاياتنىڭ شاپائىتىگە مىراسخور...».

**7:3** ئەف. 5:25-33؛ كول. 3:19.

8:3 **«...ئىچ-باغرى يۇمشاق ۋە كەمتەر بولۇڭلار»** ــ ياكى «... ئىچ-باغرى يۇمشاق ۋە ئەدەپلىك بولۇڭلار».

**8:3** رىم. 12:16؛ 15:5؛ 1كور. 1:10؛ فىل. 2:2؛ 3:16.

**9:3** لاۋ. 19:18؛ پەند. 20:22؛ 24:29؛ مات. 5:39؛ 25:34؛ رىم. 12:17؛ 1كور. 6:7؛ 1تېس. 5:15؛ 1تىم. 4:8.

**10:3** زەب. 34:12-16؛ ياق. 1:26

**گۈزەل ئەمەللەرنى قىلىپ يۈرسۇن؛**
**ئامان-خاتىرجەملىكنى ئىزدەپ، ئۇنى قوغلاپ يۈرسۇن.**
**[12] چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كۆزى ھەققانىيلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ،**
**ئۇنىڭ قۇلىقى ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىغا ئوچۇق تۇرىدۇ؛**
**لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ يۈزى رەزىللىك يۈرگۈزگۈچىلەرگە قارشى تۇرىدۇ».**
**[13] ئەگەر سىلەر دائىم ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىنتىلسەڭلار، كىم سىلەرگە يامانلىق قىلار؟ [14] لېكىن ھەتتا ھەققانىيلىق يولىدا ئازاب-ئوقۇبەت چەكسەڭلارمۇ، ئوخشاشلا بەختلىكسىلەر! لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقماڭلار ۋە ئالاقزادە بولماڭلار؛ [15] بەلكى قەلبىڭلاردا رەب مەسىھنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ بىلىڭلار؛ سىلەردە بولغان ئۈمىدنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا مۆمىن-مۇلايىملىق ۋە ئىخلاسلىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە ھەمىشە تەييار**

---

11:3 **«ئامان-خاتىرجەملىكنى ئىزدەپ،..»** — ياكى «ھەممەيلەن بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە تىرىشىپ،...».

**11:3** زەب. 27:37؛ يەش. 16:1؛ 3يۇھ. 11.

12:3 **«...چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ كۆزى ھەققانىيلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قۇلىقى ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىغا ئوچۇق تۇرىدۇ؛ لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ يۈزى رەزىللىك يۈرگۈزگۈچىلەرگە قارشى تۇرىدۇ»** — (10-12-ئايەت) «زەب.» 34:12-16.

**12:3** زەب. 34:12-16

13:3 **«ئەگەر سىلەر دائىم ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىنتىلسەڭلار،...»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئەگەر سىلەر ياخشى قىلغۇچىلارنى ئۆلگە قىلساڭلار،...» دېيىلىدۇ.

14:3 **«لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقماڭلار ۋە ئالاقزادە بولماڭلار...»** — «يەش.» 12:8.

**14:3** يەش. 8:12-13؛ يەر. 1:8؛ مات. 10:5؛ 1پېت. 2:20؛ 4:14.

تۇرۇڭلار. 16 ھەردائىم ۋىجدانىڭلارنى پاك تۇتۇڭلار؛ شۇنىڭ بىلەن
سىلەرگە «يامانلىق قىلغۇچىلار» دەپ تۆھمەت قىلغانلار سىلەرنىڭ
مەسىھدە بولغان پەزىلەتلىك يۈرۈش-تۇرۇشۇڭلارنى كۆرۈپ، ئۆزلىرى
قىلغان تۆھمەتلەردىن خىجىل بولسۇن. 17 چۈنكى خۇدانىڭ ئىرادىسى
شۇنداق بولسا، ياخشىلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت
چەكسەڭلار، بۇ يامان ئىش قىلغىنىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب-ئوقۇبەت
چەككىنىڭلاردىن ئەۋزەل، ئەلۋەتتە. 18 چۈنكى مەسىھ بىزنى خۇدا بىلەن
ياراشتۇرۇش ئۈچۈن، يەنى ھەققانىي بولغۇچى ھەققانىي ئەمەسلەرنى
دەپ، بىرلا قېتىملىق ئازاب-ئوقۇبەت چەكتى؛ گەرچە ئۇ تەن جەھەتتە
ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن روھتا جانلاندۇرۇلدى؛ 19 شۇنىڭ بىلەن
ئۇ سولاپ قويۇلغان روھلارنىڭ يېنىغا مۇشۇ روھىي ھاياتلىقى بىلەن

15:3 **«بەلكى قەلبىڭلاردا رەب مەسىھنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ بىلىڭلار»** — بۇ سۆزلەر «يەش.» 13:8دە تېپىلىدۇ. «رەب مەسىھنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ بىلىڭلار» گرېك تىلىدا «رەبنى مۇقەددەس قىلىپ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ ئايەتتە «مۇقەددەس» دېگەن سۆز «پاك» دېگەن ئادەتتىكى مەنىدە ئىشلىتىلمەي، بەلكى رەبنىڭ ھەممە باشقا زاتلاردىن پۈتۈنلەي باشقىچە، پۈتۈنلەي ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. **«سىلەردە بولغان ئۈمىدنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلار»** — «ئۈمىد» — مەڭگۈلۈك ھاياتقا باغلىغان، ئەلۋەتتە. **«سىلەردە بولغان ئۈمىدنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا مۆمىن-مۇلايىملىق ۋە ئىخلاسلىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە ھەمىشە تەييار تۇرۇڭلار»** — «ئىخلاسلىق بىلەن» گرېك تىلىدا «قورقۇنچ بىلەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
—بىزنىڭچە بۇ قورقۇنچ: (1) خۇدادىن بولىدۇ — دېمەك، مەن جاۋاب بەرگىنىمدە ئادەمنىڭ چىرايىدىن ياكى ئۇنى رەنجىتىشتىن قورقمايمەن، بەلكى پەقەت خۇدادىن قورقىمەن، ۋە (2) جاۋابىمنىڭ بىرەر جايىنىڭ ھەقىقەتتىن ئېزىپ كېتىشىدىن، گېپىمنىڭ خاتالىق يېرى بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇشىمۇ بار.

**15:3** ئايۇپ 21:1؛ زەب. 46:119؛ روس. 8:4.

**16:3** تىت. 8:2؛ 1پېت. 15:2، 12.

18:3 **«يەنى ھەققانىي بولغۇچى ھەققانىي ئەمەسلەرنى دەپ، بىرلا قېتىملىق ئازاب-ئوقۇبەت چەكتى»** — «ھەققانىي بولغۇچى» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. **«گەرچە ئۇ تەن جەھەتتە ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن روھتا جانلاندۇرۇلدى»** — بۇ ئاجايىب ھەقىقەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**18:3** رىم. 6:5؛ ئىبر. 28:9، 15.

بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ غەلىبىسىنى جاكارلىدى. [20] سولاپ قويۇلغان بۇ
روھلار بۇرۇنقى زاماندا، يەنى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كۈنلىرىدە، كېمە
ياسىلىۋاتقان مەزگىلدە خۇدا سەۋرچانلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ توۋا
قىلىشىنى كۈتكىنىدە، ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلدى. پەقەت
شۇ كېمىگە كىرگەن بىرقانچىسى، يەنى جەمئىي سەككىز جان سۇ
ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدى. [21] مانا بۇ «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نىڭ بېشارىتى
بولغان. ئەمدى چۆمۈلدۈرۈش ــ بەدەننىڭ كىردىن تازىلىنىشى
ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ پاك ۋىجدان بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ
تىرىلدۈرۈلۈشى ئارقىلىق خۇدادىن تىلىگەن تەلىپى ــ بىزنى ھازىر

19:3 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇ سولاپ قويۇلغان روھلارنىڭ يېنىغا مۇشۇ روھىي ھاياتلىقى بىلەن بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ غەلىبىسىنى جاكارلىدى»** ــ «مۇشۇ روھىي ھاياتلىق بىلەن بېرىپ...» گرېك تىلىدا «ئۇنىڭدا بېرىپ...» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەينى گرېكچە تېكىستتە ئۇنىڭ نېمىنى جاكارلىغىنى ئېنىق دېيىلمىگەن. بىز «ئۆزىنىڭ غەلىبىسى»نى قوشۇپ يازدۇق. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا «جاكارلاش» دېگەن پېئىلنىڭ مەلۇم بىر تولدۇرغۇچىسى بولۇشى كېرەك، شۇنىڭدەك مەسىھ ئۇلارغا ئۇقتۇرغان خەۋەرنىڭ مەزمۇنى چوقۇم ئۆزىنىڭ باياتىن ئادا قىلغان ئۇلۇغ قۇربانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتتى بولۇشى لازىم.

**19:3** 1پېت. 6:4.

20:3 **«...سولاپ قويۇلغان بۇ روھلار بۇرۇنقى زاماندا، يەنى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كۈنلىرىدە، كېمە ياسىلىۋاتقان مەزگىلدە خۇدا سەۋرچانلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ توۋا قىلىشىنى كۈتكىنىدە، ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلدى. پەقەت شۇ كېمىگە كىرگەن بىرقانچىسى، يەنى جەمئىي سەككىز جان سۇ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدى»** ــ «سولاپ قويۇلغان بۇ روھلار» توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئىككى خىل قارىشى بار: (1) ئۇلار نۇھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە قىز-ئاياللارغا نەپس-شەھۋەت قىلغان پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ («يار.» 1:6-6نى ۋە ئىزاھاتنى، «2پېت.» 2:4-5، «يەھ.» 6-8نى كۆرۈڭ)؛ (2) نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى خۇدانىڭ سۆزىگە كىرمىگەن، رەھىمنى رەت قىلىپ توپاندا ئۆلگەن ئىتائەتسىز ئادەملەرنىڭ ئىنسانىي روھلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
—«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇ ئىككى پىكىر ۋە تولۇق ئايەتنىڭ مەنىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

**20:3** يار. 14:6، 3؛ 18:8؛ مات. 37:24؛ لۇقا 26:17؛ رىم. 4:2؛ 2پېت. 5:2.

قۇتقۇزۇۋاتىدۇ [22](مەسىھ ئەرشكە چىقىپ، پەرىشتىلەر، بارلىق روھىي ھوقۇقدارلار ۋە كۈچلۈكلەر ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلدى ۋە ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرماقتا).

## خۇدا يولىدا ياشاش

4 [1]ئەمدى مەسىھ تېنىدە ئازاب-ئوقۇبەت چەككەنىكەن، سىلەرمۇ شۇنداق ئىرادە بىلەن ئۆزۈڭلارنى قوراللاندۇرۇڭلار. (چۈنكى خۇدا يولىدا ئۆز تېنىدە ئازاب-ئوقۇبەت چەككەن كىشى گۇناھتىن قول ئۈزگەن بولىدۇ؛ [2]ئۇنداق كىشى تېنىدە قالغان ھاياتىنى يەنە ئىنسانىي نەپس-ھەۋەسلەرگە بېرىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق ئۆتكۈزىدۇ). [3]چۈنكى كۆنلىرىمىزنى يات ئەللىك ئېتىقادسىزلارنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەن، يەنى ھەرتۈرلۈك بۇزۇقچىلىق-شەھۋانىيلىق، نەپس-ھەۋەسلەر، ھاراقكەشلىك، ئەيش-ئىشرەت، مەيخورلۇق ۋە يىرگىنچلىك

21:3 «مانا بۇ «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نىڭ بېشارىتى بولغان. ئەمدى چۆمۈلدۈرۈش — بەدەننىڭ كىردىن تازىلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ پاك ۋىجدان بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى ئارقىلىق خۇدادىن تىلىگەن تەلپىي — بىزنى ھازىر قۇتقۇزۇۋاتىدۇ» — «ئادەمنىڭ پاك ۋىجدانىنىڭ ... خۇدادىن تىلىگەن تەلپىي» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئادەمنىڭ پاك ۋىجدان ئۈچۈن... خۇدادىن تىلىگەن تەلپىي». بۇ ئىككى تەرجىمە، شۇنداقلا بۇ مۇھىم ئايەت ئوغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**21:3** روس. 2:38-39؛ ئەف. 5:26؛ كول. 2:11-13

**22:3** ئەف. 1:20.

**1:4** رىم. 6:7؛ ئىبر. 12:1.

**2:4** رىم. 14:7؛ 2كور. 5:15؛ گال. 2:20؛ ئەف. 4:24؛ 1تېس. 5:10؛ ئىبر. 9:14.

بۇتپەرەسلىكلەر ئىچىدە ئۆتكۈزگىنىمىز ئەمدى كۇپايە قىلار! [4]بۇ
ئىشلاردا ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ شۇنداق ئىپلاسلىققا
يۈگۈرمىگەنلىكىڭلارغا ئەجەبلىنىپ، سىلەرنى ھاقارەتلىمەكتە.
[5]ئۇلار ھامان ھەم تىرىكلەرنى ۋە ئۆلگەنلەرنى سوراق قىلىشقا تەييار
تۇرغۇچىغا ھېساب بەرمەي قالمايدۇ. [6]شۇڭا دەل شۇ سەۋەبتىن،
ئۆلگەنلەر ئەتتە ياشاۋاتقان ئىنسانلار سوراق قىلىنىدىغاندەك سوراق
قىلىنىپ، خۇداغا نىسبەتەن روھتا ياشىسۇن دەپ، ئۇلارغىمۇ خۇش
خەۋەر يەتكۈزۈلگەن.

## خۇدانىڭ سادىق خىزمەتچىسى

[7]ئەمدى بارلىق ئىشلارنىڭ ئاخىرلىشىدىغان كۈنى يېقىنلاشماقتا؛
شۇڭا، سالماق بولۇڭلار ۋە دۇئا قىلىشقا سەگەك تۇرۇڭلار. [8]لېكىن

---

3:4 **«چۈنكى كۆڭلىرىمىزنى يات ئەللىك ئېتىقادسىزلارنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەن...»** — «يات ئەللىك ئېتىقادسىزلار» گرېك تىلىدا «يات ئەللىكلەر» ياكى «تائىپىلەر» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىنجىل دەۋرى كەلگۈچە يەھۇدىيلاردىن باشقا پۈتكۈل دۇنيادىكىلەر («يات ئەللەر») دېگۈدەك بۇتپەرەس ئىدى؛ شۇڭا مۇشۇ يەردە پېترۇس بۇ ئىبارە بىلەن «بۇتپەرەس كاپىرلار»نى كۆرسىتىدۇ. پېترۇسنىڭ بۇ خېتىنىڭ ئەسلىدىكى ئوقۇرمەنلىرى، شۈبھىسىزكى، مۇشۇنداق ئادەملەردىن ئىدى. **«ھەرتۈرلۈك بۇزۇقچىلىق-شەھۋانىيلىق، نەپس-ھەۋەسلەر، ھاراقكەشلىك، ئەيش-ئىشرەت، مەيخورلۇق ۋە يىرگىنچلىك بۇتپەرەسلىكلەر ئىچىدە ئۆتكۈزگىنىمىز ئەمدى كۇپايە قىلار!»** — «كۇپايە قىلار!» — بۇ ئىنتايىن كىنايىلىك، ھەجۋىي گەپ، ئەلۋەتتە.

**3:4** ئەف. 17:4.

5:4 **«ئۇلار ھامان ھەم تىرىكلەرنى ۋە ئۆلگەنلەرنى سوراق قىلىشقا تەييار تۇرغۇچىغا ھېساب بەرمەي قالمايدۇ»** — «سوراق قىلىشقا تەييار تۇرغۇچى» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

6:4 **«شۇڭا دەل شۇ سەۋەبتىن، ئۆلگەنلەر ئەتتە ياشاۋاتقان ئىنسانلار سوراق قىلىنىدىغاندەك سوراق قىلىنىپ، خۇداغا نىسبەتەن روھتا ياشىسۇن دەپ، ئۇلارغىمۇ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈلگەن»** — «خۇش خەۋەر» — مۇقەددەس كىتابتا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشىدىن بولغان نىجات توغرۇلۇق، ئەلۋەتتە.

—بۇ ئايەت توغرۇلۇق نۇرغۇن پىكىرلەر بار. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇلارنى بايان قىلىمىز.

**6:4** يۇھ. 25:5؛ 1پېت. 19:3.

**7:4** لۇقا 34:21؛ 1يۇھ. 18:2.

ھەممىدىن مۇھىمى، بىر-بىرىڭلارغا قىزغىن مېھىر-مۇھەببەتتە
تۇرۇۋېرىڭلار. چۈنكى «مېھىر-مۇھەببەت نۇرغۇنلىغان گۇناھلارنى
ياپار». 9 بىر-بىرىڭلاردىن ئاغرىنماي ئۆزئارا مېھماندوست بولۇڭلار.
10 خۇدا تەرىپىدىن ھەربىرىڭلارغا ئاتا قىلىنغان ئىلتىپاتقا بىنائەن،
ئۇنىڭ ھەرتەرەپلىك مېھىر-شەپقىتىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان
ياخشى غوجىدارلار سۈپىتىدە، بۇ ئىلتىپات بىلەن بىر-بىرىڭلارغا
خىزمەت قىلىڭلار. 11 كىم سۆز قىلسا، ئۇ خۇدانىڭ كالام-
بېشارەتلىرىنى يەتكۈزگۈچى سۈپىتىدە سۆزلىسۇن. كىم باشقىلارغا
خىزمەت قىلسا، ئۇ خۇدا ئاتا قىلغان كۈچ-قۇدرىتى بىلەن خىزمەت
قىلسۇن. شۇنداق بولغاندا، خۇدا ھەممە ئىشتا ئەيسا مەسىھ
ئارقىلىق ئۇلۇغلىنىدۇ. بارلىق شان-شەرەپ ۋە كۈچ-قۇدرەت ئۇنىڭغا
ئەبەدىلئەبەدگىچە مەنسۇپتۇر، ئامىن!

## ئېتىقادچىلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتكە سەۋر قىلىشى

12 سۆيۈملۈكلىرىم، ئوتلۇق سىناقنىڭ بېشىڭلارغا چۈشكەنلىكىگە
قاراپ، ئاجايىب ئىشقا يولۇقۇپ قالدىم، دەپ ھەيران قالماڭلار.
13 بەلكى، مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە قانداق ئورتاق بولغان
بولساڭلار، شۇنداق شادلىنىڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شان-

---

**8:4 «مېھىر-مۇھەببەت نۇرغۇنلىغان گۇناھلارنى ياپار»** — بۇ سۆزلەر تەۋراتتىكى سۇلايماننىڭ «پەند-نەسىھەتلەر»ى 12:10دىن ئېلىنغان. مەنىسى، شۈبھىسىزكى، ھەم باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش ھەم مۇمكىن بولسا باشقىلارغا ياماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**8:4** پەند. 12:10.

**9:4** رىم. 13:12؛ فىل. 14:2؛ ئىبر. 2:13.

**10:4** پەند. 28:3؛ رىم. 6:12؛ 2كور. 11:8.

11:4 **«كىم سۆز قىلسا، ئۇ خۇدانىڭ كالام-بېشارەتلىرىنى يەتكۈزگۈچى سۈپىتىدە سۆزلىسۇن»** — «سۆز قىلىش» مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، جامائەتتە سۆزلەش، بولۇپمۇ تەلىم بېرىشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**11:4** يەر. 22:23.

**12:4** يەر. 48:10؛ 1كور. 3:13؛ 1پېت. 1:7.

شەرىپى ئايان قىلىنغىنىدا، سىلەرمۇ يايراپ شادلىنىسىلەر. [14] سىلەر
مەسىھنىڭ نامى تۈپەيلىدىن ھاقارەتكە ئۇچرىساڭلار، بەختلىك
بولىسىلەر! چۈنكى شان-شەرەپنىڭ روھى، يەنى خۇدانىڭ روھى
ۋۇجۇدۇڭلارغا چۈشكەن بولىدۇ. [15] ئاراڭلاردىن بىرىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت
چېكىشى ھەرگىزمۇ قاتىل، ئوغرى، رەزىل ياكى چېپىلغاق بولۇش
سەۋەبىدىن بولمىسۇن. [16] بىراق چەككەن ئازاب-ئوقۇبىتى «مەسىھىي»
دەپ ئاتالغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا، ئۇ بۇنىڭدىن نومۇس قىلمىسۇن؛
ئەكسىچە، مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا مەدھىيە
ئوقۇسۇن. [17] چۈنكى سوراقنىڭ باشلىنىدىغان ۋاقتى-سائىتى كەلدى؛
سوراق ئالدى بىلەن خۇدانىڭ ئۆيىدىكىلەردىن باشلىنىدۇ؛ ۋە
ئەگەر بىز بىلەن باشلانسا، ئۇ ھالدا خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىگە قۇلاق
سالمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار؟ [18] دەل مۇقەددەس يازمىلاردا
يېزىلغىنىدەك: ــ

---

**13:4 «شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئايان قىلىنغىنىدا، سىلەرمۇ يايراپ شادلىنىسىلەر»** ــ «ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئايان قىلىنغىنىدا»: ــ دېمەك، مەسىھ قايتا كەلگىنىدە.

**14:4 «سىلەر مەسىھنىڭ نامى تۈپەيلىدىن ھاقارەتكە ئۇچرىساڭلار، بەختلىك بولىسىلەر! چۈنكى شان-شەرەپنىڭ روھى، يەنى خۇدانىڭ روھى ۋۇجۇدۇڭلارغا چۈشكەن بولىدۇ»** ــ «يەش.» 2:11نى كۆرۈڭ. بەزى كونا كۆچۈرمىلىرىدە «ئۇلار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا كۇپۇرلۇق قىلىنىدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ تەرىپىڭلاردىن ئۇلۇغلىنىدۇ» دەپ قوشۇلىدۇ.

**14:4** مات. 10:5؛ 1پېت. 20:2؛ 14:3.

**16:4 «بىراق چەككەن ئازاب-ئوقۇبىتى «مەسىھىي» دەپ ئاتالغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا، ئۇ بۇنىڭدىن نومۇس قىلمىسۇن؛ ئەكسىچە، مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا مەدھىيە ئوقۇسۇن»** ــ «مەسىھىي» گرېك تىلىدا «خرىستىيان». «مەسىھ» گرېك تىلىدا «خرىستوس» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

**17:4 «چۈنكى سوراقنىڭ باشلىنىدىغان ۋاقتى-سائىتى كەلدى؛ سوراق ئالدى بىلەن خۇدانىڭ ئۆيىدىكىلەردىن باشلىنىدۇ»** ــ شۈبھىسىزكى، روسۇل پېترۇس يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە سىناشلار خۇدانىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە نىسبەتەن بىرخىل سوراقنىڭ باشلىنىشى ياكى تەربىيە بولۇپ، كەمچىلىكلىرىمىزنى ئوچۇق قىلىدىغان سىناقلار، دەپ ھېسابلىنىشلى بولىدۇ.

**17:4** يەر. 29:25؛ لۇقا 12:10؛ 31:23.

«ئەگەر ھەققانىيلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى تەس بولسا،
ئىخلاسسىزلار ھەم گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟»

[19] شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئازاب-ئوقۇبەت
چەككەنلەر ياخشى ئەمەللەرنى داۋام قىلىپ، جېنىنى ۋەدىسىدە
تۇرىدىغان ياراتقۇچىغا ئامانەت قىلىپ تاپشۇرسۇن.

## ئاقساقاللار ۋە ياشلارغا قىلىنغان نەسىھەت

5 [1] ئەمدى مەن ئاراڭلاردىكى ئاقساقاللاردىن (مەسىھنىڭ ئازاب-
ئوقۇبەتلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى، نامايان قىلىنىدىغان شان-
شەرەپكە نېسىپ بولغۇچى ۋە سىلەرگە ئوخشاش بىر ئاقساقال
سۈپىتىدە) شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، [2] ــ خۇدانىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى
پادىسىنى ئوبدان بېقىڭلار؛ ئۇلارغا يېتەكچىلىك خىزمىتىدە بولۇپ،
ئۇنى مەجبۇرەن ئەمەس، بەلكى ئىختىيارەن زىممىڭلارغا ئېلىڭلار؛

---

18:4 **«ئەگەر ھەققانىيلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى تەس بولسا، ئىخلاسسىزلار ھەم گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟»** ــ تەۋرات «پەند.» 13:11، LXX گرېكچە تەرجىمىسىدىن ئېلىنغان. گرېك تىلىدا «ئىخلاسسىزلار ھەم گۇناھكارلار نەدە كۆرۈنىدۇ؟!» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**18:4** پەند. 31:11.

19:4 **«... خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئازاب-ئوقۇبەت چەككەنلەر ياخشى ئەمەللەرنى داۋام قىلىپ، جېنىنى ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ياراتقۇچىغا ئامانەت قىلىپ تاپشۇرسۇن»** ــ «ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ياراتقۇچى» دېگەن ئىبارە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز.

1:5 **«مەسىھنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى، نامايان قىلىنىدىغان شان-شەرەپكە نېسىپ بولغۇچى ۋە سىلەرگە ئوخشاش بىر ئاقساقال سۈپىتىدە...»** ــ «نامايان قىلىنىدىغان شان-شەرەپ» دېگەنلىك مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشىدە نامايان بولىدىغان شان-شەرەپ.

پۇل-دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق بىلەن قىلىڭلار.
[3]خۇدانىڭ پادىسىغا غوجىنىڭ ئۆز تەئەللۇقاتلىرىغا بولغىنىدەك
بولماي، بەلكى ئۇلارغا ئۈلگە بولۇڭلار. [4]شۇنداق قىلساڭلار، باش
پادىچى ئاشكارە بولغاندا، مەڭگۈ توزۇماس شان-شەرەپ تاجىغا
ئېرىشىسىلەر.
[5]ئەي ياشلار، چوڭلارغا بويسۇنۇڭلار. شۇنىڭدەك، ھەممىڭلار بىر-
بىرىڭلارغا نىسبەتەن كىچىك پېئىللىقنى ئۇستۇڭلارغا ئورىۋېلىڭلار.
چۈنكى: «خۇدا تەكەببۇرلارغا قارشىدۇر، لېكىن مۆمىن-كەمتەرلەرگە

---

2:5 **«خۇدانىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى پادىسىنى ئوبدان بېقىڭلار»** — «خۇدانىڭ ... پادىسى» جامائەت، ئەلۋەتتە. **«ئۇلارغا يېتەكچىلىك خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇنى مەجبۇرەن ئەمەس، بەلكى ئىختىيارەن زىممىڭلارغا ئېلىڭلار»** — «ئۇلارغا يېتەكچىلىك خىزمىتىدە بولۇپ...» — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «خۇداغا قاراپ ئۇلارغا يېتەكچىلىك خىزمىتىدە بولۇپ...» دېيىلىدۇ. **«پۇل-دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق بىلەن قىلىڭلار»** — «پۇل-دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس» دېگەنلىك پېترۇسنىڭ ئەينى سۆزلىرى: — «ھارامدىن بولغان پۇل ئۈچۈن ئەمەس» — پېترۇسنىڭ مۇشۇ سۆزلەر بىلەن كۆرسەتكىنى: «پۇل ئادەمنى چوقۇم گۇناھكار قىلىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى ھەربىرىمىز پۇلنى ئىشلىتىشىمىز كېرەك؛ ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى، شۈبھىسىزكى، پۇلنىڭ دەرۋەقە ئادەمنى گۇناھكار قىلىش خەتىرى باردۇر. پۇلنىڭ ئۆزى ئەسلىدە گۇناھنىڭ دۇنيادا پەيدا بولغانلىقىدىن پەيدا بولغان؛ گۇناھ بولمىسا پۇل بولالمايتتى؛ شۇ تەرەپتىنمۇ «ھارامدىن بولغان».

**2:5** روس. 28:20؛ 1تىم. 3:3؛ تىت. 7:1.

3:5 **«خۇدانىڭ پادىسىغا غوجائۆز غوجىنىڭ ئۆز تەئەللۇقاتلىرىغا بولغىنىدەك بولماي، بەلكى ئۇلارغا ئۈلگە بولۇڭلار»** — ياكى «ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغانلارغا (جامائەتتىكىلەرگە، دېمەك) ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولۇۋالماي، بەلكى ئۇلارغا ئۈلگە بولۇڭلار».

**3:5** 2كور. 24:1؛ فىل. 17:3؛ 1تىم. 12:4؛ تىت. 7:2.

4:5 **«باش پادىچى قايتىپ ئاشكارە بولغاندا»** — رەب ئەيسا قايتىپ كەلگەندە. **«مەڭگۈ توزۇماس شان-شەرەپ تاجىغا ئېرىشىسىلەر»** — گرېك «ئولىمپىك» مۇسابىقىسىدە غالىبلارغا گۈل-گىياھتىن ئۆرۈلگەن تاج ئىنئام قىلىناتتى. بۇ بىر كۈن ئىچىدىلا توزۇپ كېتىدىغان تاج، ئەلۋەتتە.

**4:5** يەش. 11:40؛ ئەز. 23:34؛ يۇھ. 11:10؛ 1كور. 25:9؛ ئىبر. 20:13؛ 2تىم. 8:4؛ ياق. 12:1؛ 1پېت. 4:1؛ 25:2.

شەپقەت قىلىدۇ». [6]ئۆزۈڭلارنى خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قولى ئاستىدا
تۆۋەن تۇتۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە خۇدا
سىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ [7]بارلىق غەم-قايغۇلىرىڭلارنى ئۇنىڭ
ئۈستىگە تاشلاپ قويۇڭلار. چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى قىلىدۇ.
[8]ئۆزۈڭلارنى هوشيار ۋە سەگەك تۇتۇڭلار. چۈنكى دۈشمىنىڭلار
بولغان ئىبلىس خۇددى هۆركىرەۋاتقان شىردەك، يۇتقۇدەك
بىرسىنى ئىزدەپ قاتراپ يۈرمەكتە؛ [9]سىلەر ئېتىقادىڭلاردا چىڭ
تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇڭلار. چۈنكى بىلىسىلەركى، پۈتۈن
دۇنيادىكى قېرىنداشلىرىڭلارمۇ ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ
تۈگىشىگۈچە چىداۋاتىدۇ. [10]ئەمما سىلەرنى مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق

---

5:5 **«ئەي ياشلار، چوڭلارغا بويسۇنۇڭلار. شۇنىڭدەك، هەممىڭلار بىر-بىرىڭلارغا نىسبەتەن كىچىك پېئىللىقنى ئۈستۈڭلارغا ئورىۋېلىڭلار»** ــ «چوڭلار» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «ئاقساقاللار». لېكىن مۇشۇ يەردە «چوڭلار» ياكى «ياشانغانلار»غا توغرا كېلىدۇ. **«خۇدا تەكەببۇرلارغا قارشىدۇر، لېكىن مۆمىن-كەمتەرلەرگە شەپقەت قىلىدۇ»** ــ «پەند.» 34:3؛ «ياق.» 6:4نىمۇ كۆرۈڭ.

**5:5** پەند. 34:3؛ رىم. 10:12؛ فىل. 3:2؛ ياق. 6:4.

6:5 **«ئۆزۈڭلارنى خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قولى ئاستىدا تۆۋەن تۇتۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە خۇدا سىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»** ــ بۇنىڭ تولۇق مەنىسى بەلكىم «خۇدانىڭ قۇدرەتلىك قولى ئۈستۈڭلارغا تەربىيە بېرىش ئۈچۈن چۈشكەن بولسا، ئۇنىڭ ئاستىدا تۆۋەن تۇرۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئۇنىڭ ئاستىدا تۆۋەن تۇتۇڭلار».

**6:5** ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 11:14؛ ياق. 10:4.

**7:5** زەب. 22:55؛ مات. 25:6؛ لۇقا 22:12؛ 1كور. 9:9؛ فىل. 6:4؛ ئىبر. 5:13؛ 1تىم. 8:6.

**8:5** ئايۇپ 7:1؛ لۇقا 31:22؛ 1تېس. 6:5؛ 1پېت. 13:1؛ 7:4.

9:5 **«چۈنكى بىلىسىلەركى، پۈتۈن دۇنيادىكى قېرىنداشلىرىڭلارمۇ ئوخشاش ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ تۈگىشىگۈچە چىداۋاتىدۇ»** ــ «پۈتۈن دۇنيادىكى قېرىنداشلار» دېگەنلىك بەلكىم (1) يەھۇدىيە-گالىلىيەدە تۇرۇۋاتقان، ئۆز يۇرتداشلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان يەھۇدىي قېرىنداشلارنى؛ (2) «يات ئەللىك قېرىنداشلار» ــ يات ئەللىك بۇتپەرەسلەر ئارىسىدا تۇرۇۋاتقان، ئۇلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان يەھۇدىي ئەمەس قېرىنداشلارنى، ياكى؛ (3) هەر ئىككىسىنى كۆرسىتىدۇ.

—«تۈگىشىگۈچە چىداۋاتىدۇ» دېگەن سۆز بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ؛ (1) خۇدانىڭ مەقسەتلىرىگە، شۇنداقلا ئۆز مۇقەددەس بەندىلىرىگە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ۋە؛ (2) چەكلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ

**9:5** ئەف. 27:4؛ ياق. 7:4.

ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك شان-شەرىپىگە چاقىرغان، پۈتكۈل مېھىر-شەپقەتنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدا ئازراقىنە ۋاقىت ئازاب-ئوقۇبەت چەككىنىڭلاردىن كېيىن، ئۆزى سىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دەس تۇرغۇزۇپ، مۇستەھكەم ۋە ئۇلغا بېكىتىلگەندەك تەۋرەنمەس قىلىدۇ.
[11] ئۇنىڭغا بارلىق شان-شەرەپ ۋە كۈچ-قۇدرەت ئەبەدىلئەبەد مەنسۇپ بولغاي، ئامىن!

## ئاخىرقى سالام

[12] مەن بۇ قىسقىغىنا خەتنى يېزىپ، ئۆزۈم سادىق قېرىندىشىم دەپ بىلىدىغان سىلۋانۇسنىڭ ۋاستىسى بىلەن سىلەرگە يوللىدىم. ئۇشبۇ خەتنى يېزىشىمنىڭ مەقسىتى، سىلەرگە جېكىلەش ۋە سىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش، شۇنداقلا خۇدانىڭ ھەقىقىي مېھىر-شەپقىتىنىڭ ئەنە شۇنداق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ مېھىر-شەپقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار.

10:5 **«خۇدا... ئۆزى سىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ...»** — ئەسلىگە كەلتۈرۈپ» ياكى «قورااللاندۇرۇپ» ياكى «كامىل قىلىپ...». **«سىلەرنى ... ئۇلغا بېكىتىلگەندەك تەۋرەنمەس قىلىش»** — گرېك تىلىدا بىر پېئىل بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

10:5 ئىبر. 37:10؛ 1پېت. 6:1.

11:5 **«ئۇنىڭغا بارلىق شان-شەرەپ ۋە كۈچ-قۇدرەت ئەبەدىلئەبەد مەنسۇپ بولغاي، ئامىن!»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە پەقەت «ئۇنىڭغا بارلىق كۈچ-قۇدرەت ئەبەدىلئەبەد مەنسۇپ بولغاي، ئامىن!» دېيىلىدۇ.

12:5 **«مەن بۇ قىسقىغىنا خەتنى يېزىپ، ئۆزۈم سادىق قېرىندىشىم دەپ بىلىدىغان سىلۋانۇسنىڭ ۋاستىسى بىلەن سىلەرگە يوللىدىم»** — مۇشۇ سىلۋانۇس بەلكىم ئەسلىدە روسۇل پاۋلۇسنىڭ ھەمراھى ۋە خىزمەتدىشى بولغان سىلۋانۇس ئىدى (مەسىلەن «روس.» 16-17-بابلارنى كۆرۈڭ) «سىلۋانۇسنىڭ ۋاستىسى بىلەن» — يەنى مۇمكىنچىلىك باركى، ئۇشبۇ خەتنى يېزىشقا سىلۋانۇس روسۇل پېترۇسقا كاتىپ بولغانىدى. **«ئۇشبۇ خەتنى يېزىشىمنىڭ مەقسىتى، سىلەرگە جېكىلەش ۋە سىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش...»** — «جېكىلەش» ۋە «رىغبەتلەندۈرۈش» گرېك تىلىدا بىر پېئىل بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

13 سىلەر بىلەن بىللە تاللانغان بابىلدا تۇرۇۋاتقان جامائەت ۋە ئوغلۇم ماركۇستىن سىلەرگە سالام.
14 بىر-بىرىڭلار بىلەن مېھرىبانلارچە سۆيۈشۈپ سالاملىشىڭلار.
سىلەرگە، يەنى مەسىھدە بولغان ھەممىڭلارغا ئامانلىق-خاتىرجەملىك يار بولغاي!

---

13:5 **«سىلەر بىلەن بىللە تاللانغان بابىلدا تۇرۇۋاتقان جامائەت»** — تارىخشۇناسلار «بابىل» دېگەنلىكنى ھەقىقىي (ئەفرات دەرياسى بويىدىكى) بابىلون (بابىل) شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بابىل»نى «رىم شەھىرىنىڭ ئېتىقادچىلار ئارىسىدىكى مەخپىي نامى» دەپ قارايدۇ — شۇ ۋاقىتتىكى ئېتىقادچىلار رىم شەھىرىنى مەخپىي ھالدا بابىل (چىرىكلىشىپ كەتكەن «بۇ دۇنيا»نىڭ سىمۋولى) دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. روسۇل پېترۇسنىڭ بابىل شەھىرىدە بولغانلىقى توغرىسىدا تارىختا مەلۇمات يوق ۋە ئۇنىڭ رىم شەھىرىدە تۇرغانلىقى توغرۇلۇق ئىسپات بار.
—**«جامائەت»** — ئەسلىدىكى گرېكچە تېكىستتە — «تۇرۇۋاتقان قىز». بۇ ئىبارە رىمدىكى جامائەتنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. **«ئوغلۇم ماركۇستىن سىلەرگە سالام»** — «ئوغلۇم ماركۇس» روسۇل پېترۇسنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئوغلى. ئەمەلىيەتتە ماركۇس پېترۇسنىڭكى جىيەن ئۇكىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.
**14:5** رىم. 16:16؛ 1كور. 20:16؛ 2كور. 12:13؛ 1تېس. 26:5.

# قوشۇمچە سۆز

## جامائەت ئۇچرايدىغان زىيانكەشلىكلەر - خۇدانىڭ ئۇلاردا بولغان مەقسەتلىرى

ئىنجىل، لۇقا يازغان «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن قىسمىدىن كۆرەلەيمىزكى، جامائەتلەر مىلادىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا ئۇچرىغان زىيانكەشلەر ئايرىم-ئايرىم ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن. بىرىنچىسى بولسا يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوگلىرىدىن بولغان. بۇ زىيانكەشلىكلەر ئۇلارنىڭ: «يېڭى ئەھدە»نى خۇدا ئەسلىدە بىز يەھۇدىيلارغا ۋەدە قىلغان، ئەمدى مۇشۇ «يەھۇدىي ئەمەس مەسىھىيلەر» نېمىگە ئاساسەن «يېڭى ئەھدە»دىن بەھرىمەن بولىمىز»، دېيىشكە پېتىنىدۇ؟! ئۇلار ھەتتا بىز ئىشەنمەيدىغان ھېلىقى ئەيسا مەسىھنىمۇ بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىز دەيدۇ، تېخى؟!» دېگەندەك كۆرەلمەسلىكتىن چىققان. ئىككىنچى خىل زىيانكەشلىك نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆز سەپلىرىدىن مەسىھ تەرەپكە چىققانلىقىنى كۆرگەن ھەر تۈرلۈك بۇتپەرەس مەزھەپلەردىن بولغان (مەسىلەن، «روس.» 41-21:19). ئۈچىنچى خىل زىيانكەشلىك رىم ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بولغان. ئاۋۋال يەھۇدىي خەلقى تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن ئېتىقادچىلارغا زىيانكەشلىك قوزغىغانىدى؛ كېيىن رىم ئىمپېراتورلىرى (قەيسەرلەر) نېرودىن تارتىپ ئۆزلىرىنى «ئىلاھ» دەپ چاقىرىشقا باشلىغاندا، رىم پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى «قەيسەر رەبدۇر» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلانغان. شۇنداق قىلىشنى رەت قىلغان ئېتىقادچىلار ھەرخىل ئېغىر جازالارنى تارتاتتى.

«روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دىن بۇنداق زىيانكەشلىكنىڭ تولىمۇ زوراۋانلىق ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ. لېكىن پېترۇس بۇ خەتتە زىيانكەشلىكنىڭ يەنە بىر ئاملىق تۆھمەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىزگە كۆرسىتىدۇ (مەسىلەن، 21:2).

رەببىمىز ۋە ئۇنىڭ بارلىق روسۇللىرىمۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بۇنداق زىيانكەشلىك ئېتىقادچىلارنىڭ ئىخلاسمەن ھاياتىنىڭ نورمال بىر قىسمى بولىدۇ: —

«مۇبارەك، مەن ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھاقارەت، زىيانكەشلىك ۋە ھەرتۈرلۈك تۆھمەتكە ئۇچرىساڭلار: شاد-خۇرام بولۇپ يايراڭلار! چۈنكى ئەرشلەردە

كاتتا ئىنئام سىلەر ئۈچۈن ساقلانماقتا؛ چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۇلار مۇشۇنداق زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان» («مات.» 5:11-12)

«دەرۋەقە، مەسىھ ئەيسادا ئىخلاسمەن هايات كەچۈرۈشكە ئىرادە تىكلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ» («2تىم» 3:12).

خۇدا دەرۋەقە بىزگە شۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىشىمىزغا يول قويغىنىنىڭ بارلىق سەۋەبلىرىنى ئايان قىلغىنى يوق؛ لېكىن پېترۇس بۇ خەتتە بىزگە بىر جۈملە ئىچىدە ئۈچ سەۋەبنى ئوقتۇرۇپ بېرىدۇ: —

«ئالتۇن ھامان يوقىلىپ كېتىدىغان نەرسە بولسىمۇ، ساپلىقى ئوت بىلەن سىنىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئالتۇندىن تولىمۇ قىممەتلىك بولغان ئېتىقادىڭلار سىنىلىپ ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەيسا مەسىھ قايتا ئاشكارىلانغان ۋاقىتتا مەدھىيە، شان-شەرەپ ۋە ئىززەت-ھۆرمەت كەلتۈرىدۇ» (1:7).

دېمەك: —

(1) ئۆز ئېتىقادىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ئۆزىمىز ئىسپاتلاپ بىلىشىمىز ئۈچۈن؛

(2) بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ تاۋلىنىشى ئۈچۈن؛ سىناقلار ئارقىلىق ئۆز كۈچىمىزگە ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆزىگە ھەقىقەتەن تايىنىشنى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن؛

(3) مەسىھ قايتىپ كەلگەن كۈنىدە تېخىمۇ شان-شەرەپكە ئېرىشىشى ئۈچۈن؛ چۈنكى شۇ كۈنىدە روشەن كۆرۈنىدۇكى، بىزنى ئۆزىگە تايىنىپ ئۆزىگە سادىق قىلىپ ساقلىشى ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولىدۇ.

## كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان بىرنەچچە ئايەت توغرىسىدا

بىز مۇشۇ يەردە پەقەت كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ياكى چۈشىنىشكە تەس بولغان بىرنەچچە ئايەتلەر ئۈستىدە توختالماقچىمىز: —

2:16-17 «سىلەر ئەركىن-ئازاد بولغىنىڭلار بىلەن، بۇ ئەركىنلىكىڭلارنى يامانلىق قىلىشىڭنىڭ باھانىسى قىلىۋالماڭلار، بەلكى خۇدانىڭ قۇلى سۈپىتىدە

بولۇپ، بارلىق ئىنسانلارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئېتىقادچى قېرىنداشلىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، خۇدادىن قورقۇڭلار، پادىشاھنى ھۆرمەتلەڭلار».

بىزدە ھېچ گۇمان يوقكى، پېترۇسنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۆزى خېلى بۇرۇن مەسىھ ئەيسادىن ئۇلۇغ بىر ساۋاق ئالغانلىقىنى ئەسلەۋاتىدۇ: —

«ئاندىن ئۇلار كەپەرناھۇم شەھىرىگە كەلگىنىدە، ئىبادەتخانا بېجىنى يىغقۇچىلار پېترۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئۇستازىڭلار ئىبادەتخانا «ئىككى دراقما» بېجىنى تۆلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى («مىس.» 30:13-16نى كۆرۈڭ).

— تۆلەيدۇ، — دېدى پېترۇس.

لېكىن ئۇ ئۆيگە كىرگەندە، تېخى بىر نېمە دېمەستىلا ئەيسا ئۇنىڭدىن

— سىمون، سېنىڭچە بۇ دۇنيادىكى پادىشاھلار كىملەردىن باج ئالىدۇ؟ ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ، ياكى ياتلاردىنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

پېترۇس ئۇنىڭغا:

— ياتلاردىن، — دېۋىدى، ئەيسا ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا، پەرزەنتلەر باجدىن خالىي بولىدۇ. بىراق باج يىغقۇچىلارغا پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقىمىز ئۈچۈن، دېڭىزغا بېرىپ قارماقنى تاشلا. تۇتقان بىرىنچى بېلىقنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچساڭ، تۆت دراقمىلىق بىر تەڭگە پۇلچىقىدۇ. ئۇنى ئېلىپ مەن ۋە سەن ئىككىمىزنىڭ بېجى ئۈچۈن ئۇلارغا بەر، — دېدى» («مات.» 24:17-27).

خۇدانىڭ خەلقى «ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى»نىڭ سۈپىتىدە بولۇپ ھەقىقەتەن ئەركىندۇر؛ خۇدادىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىزگە بۇنى قىل، ئۇنى قىل دەيدىغان ھوقۇقى يوق. بىراق بۇ ئەركىنلىك خالىغانچە ئۆز بىلگىنىمىزنى قىلىۋېرىشىمىز ئۈچۈن ئەمەس؛ خۇدانىڭ بىزنى ئىنسان باللىرىدىن قورقۇش ئاسارەتلىرىدىن ۋە قۇرۇق دىنىي پائالىيەتلەردىن ئازاد قىلغانلىقى ئۇنىڭ خىزمىتىدە خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن «ئۇنىڭ قۇللىرى» بولۇشىمىز ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئەسلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تونۇمىغان ۋە شۇنداقلا بۇ ئىشلارنى چۈشەنمىگەن ئادەملەر (دېمەك،

ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى!) ئارىسدا تۇرۇۋاتقىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىكىگە كەڭچىلىك قىلىشىمىز لازىم ۋە شۇنىڭدەك بىز دۇرۇس ياشاۋاتقانلىقىمىز بىلەن ئۇلارنى ئىگىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدىغان قىلىشقا ئىنتىلىشىمىز لازىم. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئېتىقادقا كېلىشىگە ھەرقانداق پۇتلىكاشاڭ ياكى توسالغۇنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن كۆچىمىزنىڭ بارىچە ئىنتىلىشىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە (يۇقىرىدىكى مىسالدا، رەببىمىز «ئىبادەتخانا بېجى»نى تۆلىشى بىلەن ئۆزى شۇنداق قىلغان). بىزمۇ شۇنداق قىلغان بولساق، تېزلا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى خۇش خەۋەرنى تىڭشاشقا ئۈچۈق قىلالايتتۇق.

خۇدا جەمئىيەت ئىچىدە كىمگە مەنسەپ-ھوقۇقنى بېكىتىشكە مۇۋاپىق كۆرگەن بولسا، بىز ئۇلارغا بويسۇنىمىز. بۇنى، قورقۇشتىن ئەمەس، بەلكى خۇدا بىزگە شۇنداق ئەمر قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئادا قىلىمىز. شۇڭا پېترۇس «بارلىق ئىنسانلارنى ھۆرمەتلەڭلار» ۋە «پادىشاھنى ھۆرمەتلەڭلار» دېگەن ئىككى ئەمرنىڭ ئوتتۇرىسىدا «خۇدادىن قورقۇڭلار» دەپ ئالاھىدە جېكىلەيدۇ. شۇڭا مۇبادا ئىنسانىي ھۆكۈمەتلەر ھەرقايسى ئىشتا مەلۇم بىر نۇقتىدىمۇ خۇدانىڭ ئېنىق ئەمر-پەرمانلىرىغا مۇخالىپ بىرەر يارلىقنى چۈشۈرگەن بولسا، بۇرچىمىز پېترۇسنىڭ مۇنۇ سۆزىدەك بولۇش كېرەك — «ئىنسانغا ئەمەس، خۇداغا ئىتائەت قىلىشىمىز كېرەك!» «روس.» 5:29).

## 18:3-22: نۆھنىڭ كېمىسى، ئەيسانىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشى، چۆمۈلدۈرۈش توغرۇلۇق

بۇ ئايەتلەر بىزنى كۆپ ئىنتايىن قىممەتلىك ھەقىقەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، بىراق يەنىلا چۈشىنىشتە تەس يەرلىرىمۇ بار. بۇ ئايەتلەرگە بىر-بىرلەپ كۆڭۈل بۆلەيلى: —

(18) «چۈنكى مەسىھ بىزنى خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇش ئۈچۈن، يەنى ھەققانىي بولغۇچى ھەققانىي ئەمەسلەرنى دەپ، بىرلا قېتىملىق ئازاب-ئوقۇبەت چەكتى؛ گەرچە ئۇ تەن جەھەتتە ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن روھتا جانلاندۇرۇلدى».

«روھتا جانلاندۇرۇلدى» دېگەن ئىبارە ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ « تەن جەھەتتە ئۆلتۈرۈلگەن» بىلەن سېلىشتۇرۇش يولىدا ئىپتىلىدۇ. ئەگەر پېترۇس مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنى كۆرسەتمەكچى بولغان بولسا، گرېك تىلىدا باشقا بىر ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنەتتى. ئۇشبۇ ئىبارە بولسا روھىي ھاياتنىڭ ئۆسۈشى ياكى ئېشىپ تاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ — ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئۇقۇم «جانلىنىش»قا باپ كېلىدۇ.

### (19) «شۇنىڭ بىلەن ئۇ سولاپ قويۇلغان روھلارنىڭ يېنىغا مۇشۇ روھىي ھاياتلىقى بىلەن بېرىپ، قىلغان ئەمەلىنى ئۇلارغا جاكارلىدى».

ئىزاھاتلىغىنىمىزدەك، ئەينى تېكستتە مەسىھنىڭ نېمىنى جاكارلىغانلىقى ئېيتىلمايدۇ. روسۇل پېترۇسنىڭ بۇنداق ئىپادىلىشى «جاكارلانغان خەۋەر»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى خەتنى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىلىنەرلىك، دېيىشكە ھاجىتى يوق دېگەنگە ئوخشايدۇ؛ چوقۇم رەبنىڭ ھازىرلا تارتقان ئازابلىرى ۋە ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋىتى بار؛ شۇڭا بىز ئوقۇمەنلىرىمىز ئۈچۈن «قىلغان ئەمەلى» دېگەن سۆزلەر تەممىنلەپ قوشتۇق.

گرېك تىلىدىكى «ئۇنىڭدا» دېگەن سۆزنى «روھىي ھاياتلىقى بىلەن» دەپ تەرجىمە قىلدۇق — دېمەك، بۇنى «روھىي دۇنيادا»، ياكى بەلكىم «ئۆزىنىڭ روھى بىلەن» دەپ چۈشىنىمىز. بەزى شەرھچىلەر بۇ ئىبارە، مەسىھنىڭ روھى نۇھ پەيغەمبەر ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى رەزىل ئادەملەرگە سۆزلىگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن كۆز-قارىشىمىز بويىچە بۇ ئىشنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رەببىمىزنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق، دەپ ئويلايمىز. نېمىشقا مۇئەللىپنىڭ گەپلىرى ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن بىراقلا ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى بىر دەۋركە ھالقىپ كېتىدۇ؟ پېترۇس: «ئۇ بېرىپ ... جاكارلىدى... » دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ سۆز ئۇنىڭ ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى ئارىلىقىدىكى ۋاقىتتا نېمە قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئەمدى بۇ «سولاپ قويۇلغان روھلار» زادى كىم؟ ئۇ ئۇلارغا نېمىنى «جاكارلىدى» (نېمىنى جاكارلىدى ئوچۇق ئېيتىلمايدۇ)؟ بۇ سوئاللار بىزنى 20-ئايەتكە ئاپىرىدۇ: —

### (20) «سولاپ قويۇلغان بۇ روھلار بۇرۇنقى زاماندا، يەنى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كۈنلىرىدە، كېمە ياسىلىۋاتقان مەزگىلدە خۇدا سەۋرچانلىق بىلەن

كىشىلەرنىڭ توۋا قىلىشىنى كۈتكىنىدە، ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلدى. پەقەت شۇ كېمىگە كىرگەن بىرقانچىسى، يەنى جەمئىي سەككىز جان سۇ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدى».

بەزىلەر بۇ روھلار نۇھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە، قىز-ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتنى خالاپ جەننەتتىن ۋاز كەچكەن، ئاسىيلىق قىلغان پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ («يار.» 6-1:6). لېكىن بۇنداق چۈشەنچە «كېمە ياسىلىۋاتقان مەزگىلدە خۇدا سەۋرچانلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ توۋا قىلىشىنى كۈتكىنىدە» دېگەن ئىبارىگە ئانچە ماسلاشمايدۇ — چۈنكى بۇ پەرىشتىلەر ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا قايتىش يولى (توۋا قىلىش يولى) قالمىغانىدى. شۇڭا پىكرىمىز (جەزمەن شۇنداق، دېمەيمىز) شۇكى، بۇ ئىبارە شۇ كۈنلەردىكى تويپاندا قازا تاپقان كىشىلەرنىڭ روھلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا، مەسىھ ئۇلارغا قانداق خەۋەر يەتكۈزگەن؟ ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۈبھىسىزكى، ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈپ، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈمىنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ، جازاسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى، شۇنداقلا گۇناھ ۋە ئۆلۈم ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

بۇ خەۋەر توغرۇلۇق ئىككى ئىمكانىيەت باردۇر: —

(1) ئۇنىڭ خەۋىرى خۇدانىڭ ئۆزلىرىگە چۈشۈرگەن توپان جازاسىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسەتتى. خۇدا ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرگەن مۇشۇ توپان جازاسى تولىمۇ ئادىل، ئەلۋەتتە. شۈبھىسىزكى، ئۇلاردىن كېيىنكى دەۋردىكىلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن جازادىن، خۇدانىڭ گۇناھقا قارىتىدىغان غەزىپىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ كىشىلەرنى (نۇھ پەيغەمبەردەك) ئېتىقاد ئارقىلىق قۇتقۇزىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئىبرەت ئالغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ كېيىنكى دەۋرلەر، يەنى ئىبراھىملارنىڭ دەۋرى ۋە مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىكىلەر كۆرگەن نۇر ئۇلارنىڭ كۆرگىنىدىن روشەنرەك بولدى، دېگىلى بولىدۇ. شۇڭا توپاندا غەرق بولغان مۇشۇ ئادەملەرنىڭ روھلىرىغا خۇدانىڭ جازالىرىنىڭ ئادالىتىنى تولۇق ئىسپاتلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مەسىھنىڭ جاكارلىغىنى مۇشۇ توغرۇلۇق ئىدى.

(2) يەنە بىر ئىمكانىيەت باركى، خەۋەر مۇشۇ كىشىلەرنىڭ روھلىرىغا بىرخىل توۋا قىلىش پۇرسىتىنى تەمىنلەپ بەرگەن.

مەيلى قايسى ئىمكانىيەت توغرا بولسۇن، شۇ دەۋردىكىلەر نېمىشقا شۇنداق خەۋەرنى ئالاھىدە ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان؟ كىم بىلىدۇ، بىز جاۋاب تېپىش ئۈچۈن مەسىھ قايتىپ كەلگۈچە كۈتىشىمىز كېرەكتۇ؟

(21) «مانا بۇ «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نىڭ بېشارىتى بولغان. ئەمدى چۆمۈلدۈرۈش – بەدەننىڭ كىردىن تازىلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ پاك ۋىجدان بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى ئارقىلىق خۇدادىن تىلىگەن تەلىپى – بىزنى ھازىر قۇتقۇزۇۋاتىدۇ».

پېترۇس مۇشۇ يەردە نەچچە مۇھىم ئىشلارنى روشەن بايان قىلىدۇ: —

(1) نۇھ ياسىغان كېمە ئېتىقادچىلارنىڭ مەسىھدە قۇتقۇزۇلۇشىغا سىمۋول، شۇنداقلا بېشارەت بولىدۇ.

(2) «سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش»نىڭ ئۆزى مۇشۇ ئىشقا سىمۋول ياكى سۈرەت بولىدۇ؛ نۇھ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كېمىگە كىرىپ ئۆلۈم كەلكۈنلىرىگە چۆمۈلدۈرۈلۈپ ئاندىن «يېڭى دۇنيا»غا چىققىنىدەك، ئېتىقادچىلار مەسىھدە ئۆلۈم سۈيىگە چۆمۈلدۈرۈلۈپ يېڭى بىر ھاياتقا چىقىدۇ.

پېترۇس مۇشۇ سەككىز جان «سۇ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدى» دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، پېترۇسنىڭ تەكىتلىگىنى «ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇلغان» ئەمەس، بەلكى «رەزىل بىر دۇنيادىن ئازاد قىلىنغان» دېگەنلىكتۇر.

(3) پېترۇس «سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش... بىزنى ھازىر قۇتقۇزۇۋاتىدۇ»، دەپ يازىدۇ. مۇشۇ يەردە ئۇ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ خۇراپىي چۈشىنىپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن روشەن ھالدا «ئادەمنى قۇتقۇزىدىغان ئىش... (چۆمۈلدۈرۈلۈشتە) «بەدەننىڭ كىردىن تازىلىنىشى ئەمەس...»» دەپ ئۇقتۇرىدۇ. دېمەك، ئادەمنى قۇتقۇزىدىغان ئىش سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشتىكى سىرتقى يۇيۇنۇش ياكى مۇراسىم شەكلى ئەمەس، بەلكى ئېتىقادچىنىڭ قەلبىدە خۇدا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سودىسىدىن ئىبارەت، دېگەننى تەكىتلەيدۇ. نېمىشقا «سودا» دەيمىز؟ بىز ئەرزىمەس گۇناھكار ھاياتىمىزنى تولۇق بىلەن خۇداغا تاپشۇرۇپ ئىبابا مەڭگۈلۈك ھاياتقا تېگىشىمىز. كىم بۇنداق «سودا»نى خالىمىسۇن؟

پېترۇس مۇشۇ ئايەتتە گرېك تىلىدىكى «ئېپېروتوما» («تەلەپ») دېگەن سۆزنى ئىشلەتتى. ئادەتتە مۇشۇ سۆز سوت مەھكىمىسىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇ ھەققىنى ئىزدەيدىغان ئادەمنىڭ سوتچىغا بولغان تەلىپىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزنى يەنە «جاۋاب، ئىنكاس» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما پېترۇسنىڭ «ئورما ھېيتى»دا ئىپتىقان سۆزلىرىگە قارىساق مۇشۇ ئايەتتە «تەلەپ» دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇ كۈنى پېترۇس نۇرغۇن يەھۇدىي يۇرتداشلىرىغا سۆز قىلىپ ئۇلارغا، رەب ئەيسانىڭ ئۆلۈمىگە سىلەر مەسئۇل بولغانسىلەر دەپ جاكارلىغانىدى. ئۇلار ئىنتايىن قورقۇپ ۋە ئازابلىنىپ ئۇنىڭدىن: «ئەمدى، قېرىنداشلار، زادى نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. پېترۇس ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: —

«توۋا قىلىڭلار، ھەربىرىڭلار ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا گۇناھلىرىڭلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىڭلار، ۋە شۇنداق قىلساڭلار خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بولغان مۇقەددەس روھ سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ۋەدە سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ باللىرىڭلارغا، يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆزىگە چاقىرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتا قىلىنىدۇ» («روس.» 2:38-39).

دېمەك، ئىككى شەرت (توۋا قىلىڭلار، ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا چۆمۈلدۈرۈلۈڭلار) ئادا قىلىنغان بولسا، ئىككى نەتىجە (گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى، مۇقەددەس روھنىڭ ئىلتىپات قىلىنىشى) بار بولىدۇ. شۇڭا بىز «سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش»نى ئەسلىدە خۇدا ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن مۇقەددەس روھ ئارقىلىق يېڭى ھاياتنى تىلەش يولى قىلغان، دەپ ئىشىنىمىز. باشقىچە ئېيتقاندا، «سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش» «پاك ۋىجدانىنىڭ ... خۇدادىن تىلىگەن تەلىپى» بولىدۇ. بۇنداق تەلەپ بىرىسىنىڭ «دەردمەن بىر گۇناھكارمەن، خالاس، شۇنداقلا سەن خۇدانىڭ ئۆز سۆز-كالامىڭغا يۈز پىرسەنت تايىنىشتىن باشقا ھېچقانداق تەلەپ قىلغۇدەك ئاساسىم يوق، ياكى ھوقۇقۇم يوقتۇر» دېگەندەك دۇئاسى بولىدۇ. بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى بۇنداق تەلەپنىڭ بىردىنبىر كۈچلۈك ئاساسى بولىدۇ. بۇنداق كىشى «بىلىدىغان گۇناھلىرىم بويىچە توۋا قىلدىم، سېنىڭ ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلىپ، ئەيسا مەسىھ مېنىڭ رەببىم ۋە قۇتقۇزغۇچىم دېگەن ئېتىقادىمنى ئىپادىلەپ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلدۈم؛ ئەمدى شەرتلىرىڭنى ئادا قىلدىم، ماڭا ۋەدە قىلغان يېڭى ھاياتنى ئاتا قىلغايسەن!» دەيدىغان

بولىدۇ. مانا بۇ پېترۇس ئېيتقان، خۇدا بېكىتكەن «تەلەپ»؛ شۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا، «سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش ئادەمنى قۇتقۇزىدۇ».

بۇنداق دېگىنىمىز، ئادەم سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشنى تېخى قوبۇل قىلمىغان بولسا، خۇدا ئۇنىڭغا مۇقەددەس روھنى ھەرگىز بەرمەيدۇ، دېگىنىمىز ئەمەس. مەسىلەن، كورنىلىي ۋە پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر سۇغا چۆمۈلدۈرۈلمىگەن ھالدا مۇقەددەس روھ ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان («روس.» 38:2). خۇدا شۇنداق مۇۋاپىق كۆرسە ھەردائىم ئۆزى قويغان شەرتلەردىن سىرت ئىش كۆرۈشكە ئەركىن بولىدۇ. لېكىن بىرسى رەبنىڭ «سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشلار» دېگەن ئەمرىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلغان بولسا، مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلغۇچى بولالمايدۇ، دەپ قارايمىز.

(22) «(مەسىھ ئىرىلىپ ئەرشكە چىقىپ، پەرىشتىلەر، بارلىق روھىي ھوقۇقدارلار ۋە كۈچلۈكلەر ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلدى ۋە ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرماقتا)»

بۇ ئايەتنى 21-ئايەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلىساق، كۆرۈمىزكى، ئىنسانىيەتكە خۇدانىڭ روھىنى، شۇنداقلا يېڭى ھاياتنى ئاتا قىلغۇچى بولسا، ئەرشكە كۆتۈرۈلگەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر («يۇھ.» 26:15، 13:16-15، «لۇقا» 49:24، «روس.» 32:2-33نى كۆرۈڭ).

6:4 «شۇڭا دەل شۇ سەۋەبتىن، ئۆلگەنلەر ئەتتە ياشاۋاتقان ئىنسانلار سوراق قىلىنىدىغاندەك سوراق قىلىنىپ، خۇداغا نىسبەتەن روھتا ياشىسۇن دەپ، ئۇلارغىمۇ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈلگەن».

بۇ ئايەتكە شەرھ بېرىش كۆپ ئالىملارنىڭ بېشىنى قايماقتۇرۇپ قويغان.

بىرىنچىدىن، پېترۇس ئايەتتە تىلغا ئالغان «ئۆلگەنلەر» دېگەن كىم؟

بۇ توغرۇلۇق ئاز دېگەندە بەش پىكىر بولغان: —

(ئا) بۇ ھازىرقى ياكى ئۆتكەندە ياشىغان «روھىي ئۆلگەن»، يەنى خۇدانى تونۇمايدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

لېكىن ئۇنداقتا نېمىشقا پېترۇس «خۇش خەۋەر ... جاكارلانغان» (پېئىل «ئۆتكەن زامان» شەكلىدە) دەيدۇ؟ ئۇ مۇشۇ سۆزنى ئېيتقان ۋاقىتتا خۇش خەۋەر جىسمانىي

تەرەپتە تىرىك، لېكىن «روھىي جەھەتتە ئۆلگەن»لەرگىمۇ ئوخشاشلا جاكارلىنىشۋاتقان ئەمەسمىدى؟

(ئە) ئۆتكەنكى بىر دەۋردىكى، ئېتىقاد يولىدا ئازاب تارتىپ، قۇربان بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆزقاراشتا بولغان ئالىملار: «(ئۇلار) ئىنسانلارنىڭ ئۆلچىمى بىلەن سوراق قىلىنغان بولسىمۇ،...» (دېمەك ناھەق ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان بولسىمۇ...)» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ ئالىملارنىڭ پىكرىچە، پېترۇس بۇ ئادەملەرنى ھازىر «روھتا ياشاۋاتىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمدى (بۇ ئالىملارنىڭ پىكرىچە) پېترۇس ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە، مۇشۇ ئۆلگەن قېرىنداشلىرىمىزدەك زىيانكەشلىككە ھازىر ئۇچراۋاتساقمۇ، ئاخىر بېرىپ خۇدا بىزنىڭ دۇرۇس يولدا ماڭغانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ رىغبەتلەندۈرمەكچى.

بىزنىڭچە بۇ خىل كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ گرېك تىلىدىكى «خىنا» (مەنىسى «سەۋەب،...»، «مەقسەت،...» «ئۈچۈن») دېگەن سۆزنى چۈشىنىشىدە مەسىلە بار. بۇ سۆزنى ئىشلىتىشىدىن شۇ كۆرۈنىدۇكى، «ئۆلگەنلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈلۈش»نىڭ مەقستى دەل ئۇ تىلغا ئالغان <u>شۇ «سوراق قىلىنىش»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ</u>.

(ب) «ئۆلگەنلەر» ئىنجىل دەۋرىدىن ئىلگىرى ياشىغانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇ كىشىلەر ھازىر ھەممىسى ئۆلگەن، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا، مەنىسى مەلۇم بىرسى (مەسىھ بولسا كېرەك —ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلگۈچە بولغان ئارىلىقتا) تەھتىساراادا تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەن، دېمەكلىكتۇر.

(پ) پېترۇس مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدا پەقەت «ئۆلگەنلەر» دەپ، «بارلىق ئۆلگەنلەر» دېمىگەچكە، مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇنىڭ مەنىسى پەقەت «بىرنەچچە ئۆلگەنلەر» ياكى مەلۇم بىر تۈركۈم ئۆلگەنلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئالايلۇق، ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى 3:20دە كۆرسىتىلگەن «نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كۈنلىرىدە، كېمە ياسىلىۋاتقان مەزگىلدە خۇدا سەۋرچانلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ توۋا قىلىشىنى كۈتكىنىدە، ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلغان»لارنىڭ روھلىرىمىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، نېمىشقا خۇش خەۋەر ئالاھىدە پەقەت شۇ تۈركۈم كىشىلەرگىلا يەتكۈزۈلگەن؟ ئۇلار مۇيەسسەر بولغان نۇر تۇپاندىن كېيىنكى دەۋردىكىلەر مۇيەسسەر بولغىنىدىن ئاز بولغانمۇ؟

(ت) بولمىسا، بۇ «ئۆلگەنلەر» خۇش خەۋەر تارقىتىلىشتىن تارتىپ ياشىغان، لېكىن ئۇنى ئاڭلاش پۇرسىتى بولماي ئۆلگەنلەرمۇ؟ ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنداق پۇرسەت ئىنجىل دەۋرىدىن ئىلگىرى ياشىغانلارغىمۇ تەمىنلەنمىگەن؟

بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، پېترۇس خۇدانىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مۆمىن بەندىلىرىنى رىغبەتلەندۈرمەكچى ئىدى. بۇ زىيانكەشلىكلەر ئۇلارنىڭ «ئەيش-ئىشرەتلەرگە بېرىلمىگەنلىك»ى، شۇنداقلا مەسىھنى جاكارلاشلىرى تۈپەيلىدىن بولغان بولۇپ، بەلكىم يەھۇدىي ئەمەسلەر تەرىپىدىن مازاق قىلىشلار ياكى ھاقارەتلەشلەردىن ۋە يەھۇدىي خەلقى تەرىپىدىن قوزغالغان زوراۋانلىقتىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۆمكىن. بۇ ئايەت «چۈنكى» بىلەن باشلىنىدۇ. پېترۇس (5:4)دە مەسىھنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى («تىرىكلەر بولسۇن، ئۆلگەنلەر بولسۇن») سوراققا تارتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، 6-ئايەتتە بەلكىم بۇ دەۋردىمۇ ھەممە ئادەمنىڭ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاشقا موھتاجلىقىنى تەكىتلىمەكچى بولغان بولۇشى مۆمكىن.

بۇ ئايەت توغرۇلۇق يەنە بىر سوئال بار: — «ئەتتە ياشاۋاتقان ئىنسانلار سوراق قىلىنىدىغاندەك سوراق قىلىنىپ»، «خۇداغا نىسبەتەن روھتا ياشىسۇن» دېگەن ئىككى سۆز نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟». ھېچ بولمىغاندا بىرىنچى سۆزنىڭ مەنىسى: «ئۇلار («ئۆلگەنلەر») تەندە ھازىر ياشاۋاتقان كىشىلەر سوراق قىلىنىدىغان ئۆلچەمدە سوراق قىلىنىدۇ» — دېمەك، ئۇلار خۇدانىڭ نىجات كالامىنى قوبۇل قىلغان ياكى قوبۇل قىلمىغىنىغا قاراپ سوراققا تارتىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ئايەتتە «ئەت» ئەينى مەنىدە، يەنى ئىنساننىڭ تېنىنى كۆرسەتسە، ئۇنداقتا «روھتا ياشاش» بەلكىم خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغان مۇشۇ ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى «روھىي» ھاياتتا ئىگە بولىدۇ، لېكىن جىسمانىي تەرەپتىن تەندە تىرىلىشقا مۇيەسسەر بولمايدۇ.

ئېتىراپ قىلىمىزكى، ھازىرغىچە بىز يۇقىرىقى بەش چۈشەنچە (ھەتتا باشقا بىرى) دىن قايسىسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى توغرۇلۇق تېخى مۆقىم پىكىرگە كېلەلىگىنىمىز يوق. بىراق ئايەتتىكى سۆزلەرنىڭ ئاددىي مەنىسىگە قاراپ، پېترۇسنى خۇش خەۋەرنىڭ ئاللىقاچان جىسمانىي ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرىغا يەتكۈزۈلۈشى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىدۇ، دەيمىز. خۇدانىڭ نۇرىنى كۈتىمىز!

19:4 «شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئازاب-ئوقۇبەت چەككەنلەر ياخشى ئەمەللەرنى داۋام قىلىپ، جېنىنى ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ياراتقۇچىغا ئامانەت قىلىپ تاپشۇرسۇن»

ئەمدى پېترۇسنىڭ «ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ياراتقۇچى» دېگەن سۆزى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ياراتقۇچىمىز نېمىگە ياكى كىمگە نىسبەتەن «ۋەدىسىدە تۇرىدىغان»، «ئىشەنچلىك» ياكى «سادىق» بولىدۇ؟

ئىشىنىمىزكى، بۇ ئالاھىدە ئىبارە خۇدانىڭ بارلىق نەرسىلەرنى، بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى چوڭقۇر مەقسەت بىلەن ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە گۇناھنىڭ دەھشەتلىك تەسىرى كائىناتقا كىرىۋالغان بولسىمۇ، بۇ مەقسەت ھېچقاچان، ھېچقانداق ئۆزگەرگىنى ياكى ئەسلىدىكى يۆنىلىشىدىن بۇرۇلۇپ كەتكىنى يوقتۇر. خۇدا ئۆز ياراتقىنىدىن ھەرگىز يىراق تۇرۇپ پەرۋايىم پەلەك دېمەيدۇ؛ ئەكسىچە، گەرچە كائىنات گۇناھلىق ھالەتكە يىقىلغان بولسىمۇ، مېھىر-مۇھەببىتىدىن ئۇنىڭ موھتاجلىقىغا قاراپ، كېرەكلىكىنى تەمىنلەۋېرىدۇ.

تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» قىسمىدا، خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىشىدىكى ئومۇمىي ئىشلار تەسۋىرلەنگەندە، قىرىق ئىش شۇكى، ئىبرانىي تىلىدا پەقەت «خۇدا» («ئەلوھىم») دېگەن ئىسىملا تىپىلىدۇ. بىراق ئىنساننىڭ يارىتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلىرى تەسۋىرلەنگەندە، خۇدانىڭ ئالاھىدە ئىسمى «ياھۋەھ» بىرىنچى قېتىم پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئىسمىنى ئادەتتە «پەرۋەردىگار» (پەرۋىش قىلغۇچى، پەرۋىشچى) دەپ تەرجىمە قىلىپ كەلدۇق. «مىس.» 3:15تىن بىز خۇدانىڭ بۇ ئىسمىنىڭ: — «مەن ئۆزۈمدۇرمەن» «مەن بار بولغۇچىدۇرمەن» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. بۇ ئىسىم، شۈبھىسىزكى، خۇدانىڭ ئۆزگەرمەس تەبىئىتىنى ئىپادىلەيدۇ. «مىس.» 3:15تە خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە تۆت يۈز يىل بۇرۇن ئىبراھىم، ئاندىن ئىسھاق ۋە ياقۇپ بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. ئىنسان بولسا بىر ھەپتە ئۆتمەيلا ئۆز ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن خۇدانىڭ ۋەدىلىرى تۆت يۈز يىلدىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا ئىناۋەتلىكتۇر؛ ئۇ ھېچقاچان ئۇنتۇمىغان.

ئىنسانىنى ياراتقاندا خۇدا: ـ «ئۆز ئوبراز-سۈرىتىمىزدە، بىزگە ئوخشاش قىلىپ ئىنساننى يارىتايلى!» دېگەن نىشانىنى بېكىتكەن. ئىنسان گۇناھ بىلەن يىقىلغاندا شۇ ئۇلۇغ نىشانى يوققا چىققانمۇ؟ چۈنكى ئىنسان خۇداغا ھېچ ئوخشىمىغاندى — مېھرىمانلىق، مۇلايىملىق، مۇھەببەتلىك، سېخىي، دىيانەتلىك، سەممىمىي ياكى ۋاپادار بولۇپ چىقمىغاندى. ئىنساندا بۇ پەزىلەتلەرنىڭ دەل ئەكسى كۆرۈنگەن. لېكىن خۇدا

قانداق بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر ھەردائىم ئۆز سۆز-كالامىغا مۇتلەق سادىق بولۇپ («ۋەدىسىدە تۇرۇپ») ئەمەل قىلماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن گەرچە بەدىلى ئۆز ئوغلى مەسىھنىڭ ھاياتى بولغان بولسىمۇ، ئۇ مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە قايتىش يولىنى مەڭگۈگە ئاچقان.

«بارلىق ئىشلار خۇدادىندۇر؛ ئۇ بىزنى مەسىھ ئارقىلىق ئۆزىگە ئىناقلاشتۇردى، شۇنداقلا بىزگە ئىناقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تاپشۇردى: - دېمەك، خۇدا مەسىھدە ئادەملەرنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەيىبى بىلەن ھېسابلاشماي، ئالەمنى ئۆزىگە ئىناقلاشتۇردى؛ شۇنىڭدەك بىزگە ئىناقلاشتۇرۇش خەۋىرىنى ئامانەت قىلىپ تاپشۇردى» («2كور.» 5:18-19).
مانا «ئىشەنچلىك (ۋەدىسىدە تۇرغان) ياراتقۇچى» دېگەنىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى! ئۇنىڭغا بارلىق ھەمدۇ-مۇبارەكلەر بولغاي!

# ئىنجىل 22-قىسىم

# «پېترۇس 2-مەكتۇپ»

## (روسۇل پېترۇس يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ)

## كىرىش سۆز

روسۇل پېترۇس بۇ خەتنىمۇ بىرىنچى خېتىنى يازغان شۇ بىر تۈركۈم قېرىنداشلارغا («پونتۇس، گالاتىيا، كاپادوكىيا، ئاسىيا ۋە بىتىنىيە ئۆلكىلىرىدە تارقاق ياشاۋاتقان مۇساپىر بەندىلەر»گە) يازغان («1پېت.» 1:1 بىلەن «2پېت.» 1:3نى كۆرۈڭ. ئەمما ئۇ هازىر ياشىنىپ قالغان بولۇپ، دۇنياغا پاتماي قالغان سارالك رىم ئىمپېراتورى قەيسەر نېرو تەرىپىدىن سولانغانىدى، ئۇنىڭ خۇدانىڭ يولىدا قۇربان بولۇش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا رەببىنىڭ ئۇنىڭغا: «مېنىڭ قويلىرىمنى باققىن» دەپ تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ خەتنى يازغان ۋاقتى مىلادىيە 68-يىلىدىن سەل بۇرۇن ئىدى (بۇ تەپسىلاتلار جامائەتتىكى بەزى كونا تارىخلاردىن بىزگە مەلۇم).

روشەنكى، ۋاقتىنىڭ ئانچە ئۇزۇن قالمىغانلىقىنى بىلگەن روسۇل ئۇلارغا ئاخىرقى ئىلھامبەخش ۋە رىغبەت يەتكۈزىدىغان بىر خەتنى يېزىپ قالدۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي، مۇشۇ خەتنى يازغان. گەرچە پېترۇس خەتتە «مېنىڭ باللىرىم» دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىر ئاتىنىڭ ئۆز باللىرىغا قالدۇرغان ۋەسىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. باللار ئاتىسى تاپشۇرغان بۇنداق ۋەسىيەتنى، يەنى ئاتىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ! ئۇنىڭ ۋەسىيەتتىكى ھەربىر سۆزى قىممەتلىكتۇر!

ئەمما پېترۇس بۇ سۆزلەرنى «پونتۇس، گالاتىيا، كاپادوكىيا، ئاسىيا ۋە بىتىنىيە

ئۆلكىلىرىدە تارقاق ياشاۋاتقان مۇساپىرلار»غىلا ئەمەس، بەلكى «بىزنىڭ خۇدايىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ ھەققانىيلىقى ئارقىلىق بىز بىلەن ئوخشاش قىممەتلىك بىر ئېتىقادقا مۇيەسسەر قىلىنغانلار»غىمۇ يازغان (1:1). ئېتىقاد قىلغان بولساق، بۇ سۆز بىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ، قەدىرلىك ئوقۇرمەن؟!

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خەتتىكى ھەممىدىن مۇھىم تاپشۇرۇق بولسا «روھىي ئۆسۈش»تۇر — ئۇ دائىم «ئېتىقادىڭلارغا... قوشۇڭلار... قوشۇڭلار... قوشۇڭلار...» دەيدۇ. خۇدا بىلەن مېڭىۋاتقان كىشى دائىم ئۆزىگە قانداقتۇر بىر پەزىلەت ياكى بىلىم قوشىدۇ. ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۆز يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرىدىغان بىكار ئولتۇرغۇچى بولمايدۇ. پېترۇس خۇدانىڭ ۋەدىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ توختاۋسىز تىخىمۇ كۆپرەك روھىي ئىلتىپاتلارنى ياكى روھىي تەئەللۇقاتلارنى ئىگىلەشكە، روھىي دۇنياسىنى كېڭەيتىشكە ئىنتىلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن پەقەت ئۆزىگىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ يەتكەن مەنپەئەت كۆپەيمەكتە (2:1-11).

ئۇ كېيىن ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر ۋە ساختا تەلىماتلار توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. لېكىن بىز ئۇ بىزگە ئالدىدا جېكىلىگەندەك چوڭقۇر ئېتىقاد ۋە روھىي ھاياتنى كۆپرەك ئىگىلەشكە ئىنتىلمىسەك، ئۇنىڭ قىممەتلىك ئاگاھلاندۇرۇشلىرى بەربىر بىزگە ھېچ پايدا يەتكۈزمەيدۇ ھەمدە بىزدە شۇ ئاگاھلارنى تەتبىقلىغۇدەك كۈچ ياكى ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئاڭ بولمايدۇ. بىر ئېتىقادچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىنىشتىكى بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ئامىل دەل ئۆزىنىڭ داۋاملىق خۇدا بىلەن يېقىن مېڭىشىدىن ئىبارەتتۇر.

پېترۇسنىڭ رىغبەتلىرى ۋە جېكىلەشلىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ خېتىنى ياقۇپ، يۇھاننا ۋە ئۆزىدىن ئىبارەت ئۈچ روسۇلنىڭ مەسىھ بىلەن تاغدا ئايرىم بولغان ۋاقتىدا، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن مەسىھنىڭ تاغدىكى «قىيابىتى ئۆزگىرىشى» ياكى «شان-شەرەپتە كۆرۈنۈشى»گە بولغان گۇۋاھلىقى بىلەن باشلايدۇ («ماتتا» 17-باب). پېترۇسنىڭ مۇشۇ خېتىدە بۇ ئىش توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بېرىشنى تاللىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

ئۇ خېتىدە شۇ گۇۋاھلىقنى بەرگەندىن كېيىن، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ۋە بېشارەتلىرىنى چىڭ تۇتۇشنى دەۋەت قىلىدۇ: ئۇ بۇلار

مېنىڭ ئۆز گۇۋاھلىقىمدىن تېخىمۇ ئىشەنچلىك، دەيدۇ — چۈنكى (1) مېنىڭ گۇۋاھلىقىم بىرلا ئادەمنىڭكى، لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقلىرى نۇرغۇندۇر؛ (2) پەيغەمبەرلەر بەرگەن بېشارەتلەر تارىختا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاچقا، ھەردائىم خۇدانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇ جامائەتنى ئەنە شۇنداق رەددىيە بەرگۈسىز ھەقىقەتلەر بىلەن قوراللاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى يەنە جامائەتنى كەلگۈندەك بېسىپ كېلىدىغان ساختا تەلىماتلار توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدۇ. بىرىنچى خەتتە ئۇ ئۇلار ئۇچرىغان زىيانكەشلىكلەر توغرۇلۇق تەسەللىي ۋە رىغبەت يەتكۈزگەنىدى. زىيانكەشلىك جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. لېكىن ھازىر تېخىمۇ خەتەرلىك بىر تەھدىت بېسىپ كېلىدۇ — چۈنكى ئۇ تەھدىت (يەنى ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر) سىرتتىن ئەمەس، بەلكى جامائەت ئىچىدىن پەيدا بولىدۇ.

بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە مۇشۇ بېشارەتنىڭ دەرۋەقە ئۇنىڭ دەۋرىدە ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەنلىكى ۋە ھازىر بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ ئەمەلىيەتتە كۆرۈلۈۋاتقانلىقى توغرۇلۇقمۇ ئازراق سۆزلەيمىز.

ساختا تەلىماتلار ئىچىدە بىر خىلى دائىم خۇدا ياراتقان مۆجىزىلەرگە باغلانغان ھەقىقەتكە گۇمان كەلتۈرۈپ، مازاق قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى زامانلاردا كۆپ كىشىلەر مۇقەددەس كىتابتا خاتىرىلەنگەن مۆجىزىلەردىن گۇمان قىلىپ زاڭلىق قىلىدۇ؛ ئۇلار بولۇپمۇ: «سىلەرنىڭ رەببىڭلار بۇ دۇنيانى سوراققا تارتىشقا قايتىپ كېلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان. قېنى، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى؟! سىلەر شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە كۈتۈپ كەلدىڭلار!» دەيدۇ.

پېترۇس بىزگە رەبنىڭ قايتىپ كېلىشىنىڭ شۇنچە ئۇزۇنغا «كېچىكتۈرۈلۈش»ىنىڭ سەۋەبىنى تەمىنلەيدۇ: —

«رەب ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنداشنى (بەزىلەرنىڭ «كېچىكتۈردى» دەپ ئويلىغىنىدەك) كېچىكتۈرگىنى يوق، بەلكى ھېچكىمنىڭ ھالاك بولۇشنى خالىماي، ھەممە ئىنسانىڭ توۋا قىلىشقا كىرىشىنى ئارزۇلاپ، سىلەرگە كەڭچىلىك قىلىپ ۋاقىتنى سوزماقتا» (9:3).

ئۇ خۇلاسىلەپ شۇ ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇكى، رەببىمىز دەرۋەقە تېز ئارىدا قايتىپ كېلىدۇ، شۇڭا ھەردائىم ئۇنىڭ كېلىشىگە ئۆزىمىزنى پاك تۇتۇپ تەييار تۇرۇشىمىز لازىم، دەپ ئۈندەيدۇ.

## مەزمۇن: -

1. سالام (1-باب 1-، 2-ئايەتلەر)
2. ئېتىقادچىلارغا «قوشۇپ بېرىڭلار» (1-باب، 3-21-ئايەتلەر)
3. ساختا تەلىم بەرگۈچىلەردىن ھەزەر ئەيلەڭلەر! (2-باب)
4. رەببىنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرۇلۇق (3-باب)

# پېترۇس «2»

## «روسۇل پېترۇس يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ»
## سالام

1 1 ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى ۋە روسۇلى بولغان مەنكى سىمېئون
پېترۇستىن خۇدايىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ
ھەققانىيلىقى ئارقىلىق بىز بىلەن ئوخشاش قىممەتلىك بىر
ئېتىقادقا مۇيەسسەر قىلىنغانلارغا سالام! 2 سىلەر خۇدانى ۋە رەببىمىز
ئەيسانى چوڭقۇر تونۇغانسېرى، مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك
سىلەرگە ھەسسىلەپ ئاشقاي!

## نىجاتتا ئۆسۈش

3 بۇ دۇئايىمنىڭ ئاساسى ــ بىز بىزنى ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى ۋە
ئېسىل پەزىلىتىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق چاقىرغۇچىنى چوڭقۇر
تونۇغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىلاھىي كۈچ-قۇدرىتى ھاياتىمىزغا
ۋە ئىخلاسمەنلىكتە مېڭىشىمىزغا كېرەكلىك بولغان ھەممىنى ئاتا
قىلدى. 4 ئۇ مۇشۇ پەزىلەتلىرى ئارقىلىق بىزگە قىممەتلىك، ئەڭ
ئۇلۇغ ۋەدىلەرنى بەردى، بۇلار بىلەن سىلەر بۇ دۇنيادىكى ھاۋايى-

1:1 **«ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى ۋە روسۇلى بولغان مەنكى سىمېئون پېترۇس»** ــ «سىمېئون» باشقا يەرلەردە «سىمون» دېيىلىدۇ. **«خۇدايىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز ئەيسا مەسىھ»** ــ بۇ ئىبارىدىن ئېنىقكى، ئەيسا (تەبىئىتىدە) ھەم خۇدا ھەم خۇتقۇزغۇچىدۇر. **«بىز بىلەن ئوخشاش قىممەتلىك بىر ئېتىقادقا مۇيەسسەر قىلىنغانلارغا سالام!»** ــ «ئوخشاش قىممەتلىك بىر ئېتىقادقا مۇيەسسەر قىلىنغان» دېگەن مۇشۇ ئىبارىدىن ئېنىق كۆرۈنىدۇكى، ھەقىقىي ئېتىقاد خۇدانىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ.

**2:1** يۇھ. 3:17؛ رىم. 7:1؛ 1پېت. 2:1؛ يەھ. 2.

3:1 **«ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئېسىل پەزىلىتىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بىزنى چاقىرغۇچى»** ــ مۇشۇ زات رەب ئەيسا مەسىھ، ئەلۋەتتە.

هەۋەسلەردىن بولغان ئىپلاسلىقتىن قۇتۇلۇپ، خۇدالىق تەبىئەتكە
ئورتاق نېسىپ بولالايسىلەر.
[5] دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، سىلەر پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن ئېتىقادىڭلارغا
ئېسىل پەزىلەتنى، ئېسىل پەزىلىتىڭلارغا بىلىمنى، [6] بىلىمىڭلارغا
تەمكىنلىكنى، تەمكىنلىكىڭلارغا چىداملىقنى، چىداملىقىڭلارغا
ئىخلاسمەنلىكنى، [7] ئىخلاسمەنلىكىڭلارغا قېرىنداشلىق
مېھرىبانلىقنى، قېرىنداشلىق مېھرىبانلىقىڭلارغا مېھىر-
مۇھەببەتنى كۆرسىتىشنى قوشۇشقا ئىنتىلىڭلار. [8] چۈنكى بۇ
خۇسۇسىيەتلەر سىلەردە بار بولسا، شۇنداقلا ئېشىپ بېرىۋاتقان
بولسا، بۇلار سىلەرنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنى چوڭقۇر تونۇشقا
ئىنتىلىشتە ئىش-ئەمەلسىز ۋە مېۋىسىز قالدۇرمايدۇ. [9] ئەمما ئەگەر
بىرسىدە بۇلار كەم بولسا، ئۇ كور ئادەمدۇر ــ ئۇ بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا
كۆرەلەيدىغان، ئىلگىرىكى گۇناھلىرىدىن پاك قىلىنغىنىنى
ئۇنتۇغان بولىدۇ.

[10] شۇنىڭ ئۈچۈن، ئى قېرىنداشلار، سىلەر خۇدا تەرىپىدىن
چاقىرىلغانلىقىڭلارنى، شۇنداقلا تاللانغانلىقىڭلارنى
جەزملەشتۈرۈشكە ئىنتىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ھېچقاچان
تېيىلىپ كەتمەيسىلەر. [11] شۇنداق بولغاندا رەببىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز

---

**4:1** يەش. 5:56؛ يۇھ. 12:1؛ رىم. 15:8؛ گال. 26:3.

5:1 **«دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، سىلەر پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن ئېتىقادىڭلارغا ئېسىل پەزىلەتنى، ئېسىل پەزىلىتىڭلارغا بىلىمنى،... قوشۇشقا ئىنتىلىڭلار»** ــ «بىلىم» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ يولى توغرۇلۇق بىلىم، ئەلۋەتتە.

**8:1** تىت. 14:3.

9:1 **«ئۇنتۇغان بولىدۇ»** ــ «ئۇنۇتقاقلىق قوبۇل قىلغان بولىدۇ».

**9:1** يەش. 10:59؛ زەف. 17:1.

10:1 **«شۇنىڭ ئۈچۈن، ئى قېرىنداشلار، سىلەر خۇدا تەرىپىدىن چاقىرىلغانلىقىڭلارنى، شۇنداقلا تاللانغانلىقىڭلارنى جەزملەشتۈرۈشكە ئىنتىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ھېچقاچان تېيىلىپ كەتمەيسىلەر»** ــ «تېيىلىپ كەتمەيسىلەر» دېگەن ئىبارىنى بەزىلەر

ئەيسا مەسىھنىڭ مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقىدىمۇ قىزغىن قارشى
ئېلىنىسىلەر.
[12] شۇڭا، گەرچە سىلەر بۇ ئىشلارنى بىلگەن بولساڭلارمۇ، شۇنداقلا
بىزگە ئىگە قىلىنغان ھەقىقەتتە مۇستەھكەملەنگەن بولساڭلارمۇ،
مەن يەنىلا ھەردائىم بۇ ئىشلارنى ئېسىڭلارغا سالماقچىمەن.
[13] دەرۋەقە، مەن مۇشۇ چېدىرىمدا بولساملا، بۇلارنى سەمىڭلارغا
سېلىپ، سىلەرنى ئويغىتىپ تۇرۇشنى لايىق كۆرىمەن. [14] چۈنكى
رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ بۇرۇن ماڭا ئايان قىلغىنىدەك، مېنىڭ
بۇ چېدىرىم پات ئارىدا ئۇچامدىن سېلىۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ
تۇرۇۋېتىمەن. [15] بەرھەق، مەن سىلەرنىڭ بۇ ئىشلارنى مەن بۇ دۇنيادىن
كەتكىنىمدىن كېيىنمۇ ھەرۋاقىت ئېسىڭلارغا كەلتۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن
كۈچۈمنىڭ بارىچە ئىنتىلىمەن.

بۇ ئىبارە نجاتتىن مەھرۇم بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە ئۇ گۇناھ سادىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايمىز (مەسىلەن، «ياق.» 2:3نى كۆرۈڭ، ئوخشاش سۆز شۇ ئايەتتە ئىشلىتىلىدۇ).

11:1 **«رەببىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقىدىمۇ قىزغىن قارشى ئېلىنىسىلەر»** — «قىزغىن قارشى ئېلىنىسىلەر» دېگەنلىك گرېك تىلىدا «كىرىش يولۇڭلار كەڭرىچىلىك بىلەن سىزلەرگە تەمىنلىنىدۇ» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

13:1 **«مەن مۇشۇ چېدىرىمدا بولساملا...»** — «چېدىرىم» — پېترۇسنىڭ ئۆز تېنىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ تېنىنى ئىسرائىللار چۆل-باياۋاندا خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ياسىغان «ئىبادەت چېدىرى»غا ئوخشىتىدۇ. خۇدانىڭ ئۆز شان-شەرىپى بۇ «ئاددىي چېدىر»دا ماكانلاشتۇرۇلغان ۋە شۇنىڭدەك ھازىر ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ تېنىدە مەۋجۇتتۇر («يۇھ.» 14:1، 21:2، «1كور.» 9:3 ۋە 16، 19:6نى كۆرۈڭ).

13:1 2پېت. 1:3.

14:1 **«چۈنكى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ بۇرۇن ماڭا ئايان قىلغىنىدەك، مېنىڭ بۇ چېدىرىم پات ئارىدا ئۇچامدىن سېلىۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن»** — «يۇھ.» 18:21-19نى كۆرۈڭ.

14:1 يۇھ. 19:21، 18؛ 2تىم. 6:4.

15:1 **«مەن بۇ دۇنيادىن كەتكىنىمدىن كېيىنمۇ»** — «بۇ دۇنيادىن كېتىش»: — بۇ ئىبارە گرېك تىلىدا «ئەكسودوس» دېگەن سۆز («مىسىردىن چىقىش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ («لۇقا» 31:9نى كۆرۈڭ).

**«بەرھەق، مەن سىلەرنىڭ بۇ ئىشلارنى مەن بۇ دۇنيادىن**

## خۇدا پەيغەمبەرلەرگە ئاتا قىلغان ئىشەنچلىك كالام-بېشارەتلەر

16 چۈنكى بىز سىلەرگە رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى
ۋە ھازىر بولۇشىنى ئۇقتۇرغىنىمىزدا ھەرگىزمۇ ھىيلىگەرلىكتىن
ئويدۇرۇپ چىقىلغان رىۋايەتلەرگە ئەگەشمىدۇق، بەلكى بىز ئۇنىڭ
ھەيۋەتلىك شان-شۆھرىتىگە ئۆز كۆزىمىز بىلەن گۇۋاھچىمىز.
17 چۈنكى ئۇ مۇقەددەس تاغدا خۇدائاتىدىن شان-شۆھرەت ۋە ئۇلۇغلۇققا
ئېرىشكەندە، ئاشۇ ئۇلۇغ شان-شەرەپلىك يەردىن: «بۇ مېنىڭ
سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭدىن خۇرسەنمەن» دېگەن شۇنداق
زور بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلۈپ ئاڭلاندى. 18 مۇقەددەس تاغدا بىز
ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە تۇرغان بولغاچقا، ئەرشتىن بۇ ئاۋاز

---

**كەتكىنىمدىن كېيىنمۇ ھەرۋاقىت ئېسىڭلارغا كەلتۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن كۈچۈمنىڭ بارىچە ئىنتىلىمەن»** — «بۇ ئىشلار» بولسا: (1) مۇشۇ ئىككىنچى خەتنىڭ مەزمۇنىنى؛ (2) «يۇھ.» 21-بابتا خاتىرىلەنگەن ئىشلارنى (مەسىھنىڭ پېترۇسنىڭ دۇنيادىن كېتىش يولى توغرۇلۇق بېشارەتلىرى)نى كۆرسەتسە كېرەك. بىز بىرىنچى چۈشەنچىگە مايىلمىز.

16:1 **«بىز سىلەرگە ... ئۇقتۇرغىنىمىزدا ... بىز ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك شان-شۆھرىتىگە ئۆز كۆزىمىز بىلەن گۇۋاھچىمىز»** — بۇ ئايەتتىكى «بىز» دېگەن سۆز پېترۇسنىڭ ئۆزىنى ۋە يۇھاننا، ياقۇپ قاتارلىق روسۇللارنى كۆرسىتىدۇ. **«ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ھازىر بولۇشى ياكى «قايتىپ كېلىشى»»** — («ھازىر بولۇشى» گرېك تىلىدا «پارۇسىيا») دېگەن سۆزلەر بىرىنچىدىن مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، مەسىھنىڭ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزگىرىپ، شان-شەرىپى ئىچىدە كۆرۈنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ («ماتتا» 17-باب، «ماركۇس» 9-باب، «لۇقا» 9-بابنى كۆرۈڭ). ئىككىنچىدىن، بۇ سۆزلەر يەنە ئىنجىلدا ئادەتتە مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ؛ چۈنكى ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ شان-شەرىپى ھەقىقەتەن ئايان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. **«...بەلكى بىز ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك شان-شۆھرىتىگە ئۆز كۆزىمىز بىلەن گۇۋاھچىمىز»** — «ئۇنىڭ» گرېك تىلىدا «ئاشۇنىڭ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ يەردە «ئاشۇنىڭ» دېگەن سۆز پېترۇسنىڭ مەسىھكە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ۋە يېقىن مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**16:1** مات. 1:17؛ يـۇھ. 14:1؛ 1كور. 17:1؛ 2:1، 4؛ 20:4؛ 1يۇھ. 1:1.

17:1 **«چۈنكى ئۇ مۇقەددەس تاغدا خۇدائاتىدىن شان-شۆھرەت ۋە ئۇلۇغلۇققا ئېرىشكەندە، ئاشۇ ئۇلۇغ شان-شەرەپلىك يەردىن: «بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭدىن خۇرسەنمەن» دېگەن شۇنداق زور بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلۈپ ئاڭلاندى»** — «ئاشۇ ئۇلۇغ شان-شەرەپلىك يەر» بولسا ئاسمان، ئەرشتۇر.

**17:1** مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ كول. 13:1.

ئاڭلانغىنىدا بىزمۇ ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئۇنى ئاڭلىدۇق. [19] ئۇنىڭ
ئۇستىگە ھەممىمىزدە پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن تولىمۇ ئىشەنچلىك
بېشارەتلىك سۆز-كالام باردۇر؛ سىلەر تاڭ سۈزۈلگۈچە، تاڭ يۇلتۇزى
قەلبىڭلارنى تولۇق يورۇتقۇچە بۇ سۆز-كالامغا قۇلاق سالساڭلار،
ياخشى قىلغان بولىسىلەر (بۇ سۆز-كالام خۇددى قاراڭغۇدا چاقناپ
تۇرىدىغان چىراغقا ئوخشاشتۇر).
[20] شۇنى ھەممىدىن مۇھىم دەپ بىلىشىڭلار كېرەككى، مۇقەددەس
يازمىلاردىكى ھېچقايسى ۋەھىي پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى
بويىچە يەتكۈزۈلگەن ئەمەس. [21] چۈنكى ھېچقانداق ۋەھىي-بېشارەت

---

18:1 **«مۇقەددەس تاغدا بىز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە تۇرغان بولغاچقا، ئەرشتىن بۇ ئاۋاز ئاڭلانغىنىدا بىزمۇ ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئۇنى ئاڭلىدۇق»** — «ماتتا» 17-باب، «ماركۇس» 9-باب، «لۇقا» 9-بابنى كۆرۈڭ.

19:1 **«ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممىمىزدە پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن تولىمۇ ئىشەنچلىك بېشارەتلىك سۆز-كالام باردۇر»** — باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممىمىزدە بۇنىڭدىن **تېخىمۇ** ئىشەنچلىك بېشارەتلىك سۆز-كالام (پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن سۆز-كالام) باردۇر». پېترۇس بۇ يەردە: «پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى ھەتتا مېنىڭ گۇۋاھلىقىمدىنمۇ ئىشەنچلىكتۇر (چۈنكى مەسىھ توغرۇلۇق بېشارەت بەرگۈچىلەر، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەرگەن بېشارەتلىرى ناھايىتى كۆپ؛ بېشارەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىقاچان كۆز ئالدىمىزدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، دېگەندەك)؛ بۇ ئۇلۇغ سۆزلەر ھەممىمىزدە بار» دېمەكچى بولسا كېرەك. **«سىلەر تاڭ سۈزۈلگۈچە، تاڭ يۇلتۇزى قەلبىڭلارنى تولۇق يورۇتقۇچە بۇ سۆز-كالامغا قۇلاق سالساڭلار، ياخشى قىلغان بولىسىلەر بۇ سۆز-كالام خۇددى قاراڭغۇدا چاقناپ تۇرىدىغان چىراغقا ئوخشاشتۇر»** — «تاڭ سۈزۈلگۈچە» — ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشىگىچە.
—«تاڭ يۇلتۇزى قەلبىڭلارنى تولۇق يورۇتقۇچە» — «تاڭ يۇلتۇزى»، شۈبھىسىزكى، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر («چۆل.» 17:24نى كۆرۈڭ). بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، تاڭ يۇلتۇزى تاڭ ئېتىشتىن سەل بۇرۇن ئايان بولغاندەك، ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال ئېتىقادچىلارنىڭ قەلبىدە بىرخىل ئويغانغان سېزىم، ئۇنىڭ كېلىشىگە باغلانغان ئالاھىدە بىرخىل كۈچلۈك ئارزۇ-تەشنا پەيدا بولۇشى مۇمكىن («1تېس.» 6:5-10نى كۆرۈڭ).

**19:1** 2كور. 4:6؛ ۋەھ. 16:22.

20:1 **«... مۇقەددەس يازمىلاردىكى ھېچقايسى ۋەھىي پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە يەتكۈزۈلگەن ئەمەس»** — ياكى «مۇقەددەس يازمىلاردىكى ھېچقايسى ۋەھىي پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرى ئويلاپ چىققان ئەمەس».
—بۇ ئايەتنىڭ يەنە ئۈچ خىل تەرجىمە-چۈشەنچىسى بار: — (1) ئادەملەرنىڭ خالىغانچە ۋەھىيلەرگە

ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىدىن كەلگەن ئەمەس، ئۇ بەلكى خۇدانىڭ مۇقەددەس ئادەملىرى مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن يېتەكلىنىپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئېيتقان سۆز-كالامدۇر.

## ساختا پەيغەمبەرلەر ۋە ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر

2 [1]لېكىن بۇرۇن خەلق ئىچىدە ساختا پەيغەمبەرلەر چىققان،
شۇنىڭدەك ئاراڭلاردىمۇ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر مەيدانغا
چىقىدۇ. ئۇلار سوقۇنۇپ كىرىپ، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان
بىدئەت تەلىملەرنى ئاراڭلارغا ئاستىرتىن كىرگۈزۈپ، ھەتتا
ئۆزلىرىنى ھۆر قىلىشقا سېتىۋالغان ئىگىسىدىنمۇ تېنىپ، بۇنىڭ
بىلەن ئۆز بېشىغا تېزلا ھالاكەت چۈشۈرىدۇ. [2]نۇرغۇن كىشىلەر
ئۇلارنىڭ شەرمەندىلىككە ئەگىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ
سەۋەبىدىن ھەقىقەت يولى ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ. [3]ئۇلار ئاچكۆزلۈكىدىن

شەخسىي تەبىر بېرىشكە بولمايدۇ؛ (2) بېشارەت-ۋەھيىلەرگە ئايرىم شەرھ بېرىشكە بولمايدۇ (يەنى، باشقا بېشارەت-ۋەھيىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشىمىز كېرەك)؛ (3) پەيغەمبەرلەر بەرگەن بېشارەت-ۋەھيىلەرنى چۈشەندۈرۈش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولمايدۇ (چۈنكى ئۇلار بەزىدە ئۆزى ئېيتقان سۆزلىرىنى چۈشەنمەيتتى ـ «1پېت.» 1:10-12نى كۆرۈڭ). بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى (بولۇپمۇ 2-پىكىرنى) دۇرۇس دەپ قارىساقمۇ، بىزنىڭچە، بىزنىڭ تەرجىمىمىز كېيىنكى 21-ئايەتكە ئەڭ ماس كېلىدۇ.

21:1 **«چۈنكى ھېچقانداق ۋەھيي-بېشارەت ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىدىن كەلگەن ئەمەس، ئۇ بەلكى خۇدانىڭ مۇقەددەس ئادەملىرى مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن يېتەكلىنىپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئېيتقان سۆز-كالامدۇر»** ــ «مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن يېتەكلىنىپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن» گرېك تىلىدا «مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن يۆتكىلىشى بىلەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**21:1** 2تىم. 16:3.

1:2 **«لېكىن بۇرۇن خەلق ئىچىدە ساختا پەيغەمبەرلەر چىققان، شۇنىڭدەك ئاراڭلاردىمۇ ئوخشاش يولدا ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر مەيدانغا چىقىدۇ»** ــ «خەلق» بولسا ئىسرائىل خەلقى.

**1:2** قان. 2:13؛ مات. 11:24؛ روس. 29:20؛ 1تىم. 1:4؛ 2تىم. 1:3.

ئۆيدۇرما سۆزلەر بىلەن سىلەرنى ساتىدىغان مېلى قىلىدۇ. ئەمدى
ئۇلارنىڭ بېشىغا خېلى بۇرۇنلا بېكىتىلگەن جازا بىكار ئولتۇرمايدۇ،
ئۇلارنىڭ ھالاكىتى بولسا ئۇخلاپ ياتمايدۇ.
4 چۈنكى خۇدا گۇناھ سادىر قىلغان پەرىشتىلەرنى ئاياپ ئولتۇرماي،
بەلكى ئۇلارنى تەھتىسارانىڭ ھاڭغا تاشلاپ، سوراققا تارتقۇچە
زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتىكى زەنجىرلەر بىلەن سولاپ قويغان يەردە،
5 شۇنداقلا قەدىمكى دۇنيادىكىلەرنىمۇ ئاياپ قويماي، خۇداسىزلىققا
بېرىلگەن دۇنيانى توپان بىلەن غەرق قىلىپ، پەقەت ھەققانىيلىققا
دەۋەت قىلغۇچى نۇھنى باشقا يەتتىسى بىلەن ساقلاپ قالغان يەردە ــ
6 ھەمدە كېيىن سودوم ۋە گوموررا شەھەرلىرىنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى
خۇداسىزلىققا بېرىلگەنلەرگە ئىبرەت بولسۇن دەپ بېكىتىپ، بېشىغا
كۈلپەتلىك جازانى چۈشۈرۈپ كۈل قىلغان، 7 شۇنىڭ بىلەن بىرگە
مۇشۇ ئەخلاقسىزلارنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىدىن يىرگىنىپ ئازابلانغان،
ھەققانىي بولغان لۇتنى ئۇلار ئارىسىدىن قۇتۇلدۇرغان يەردە ــ

---

**3:2** يەھ. 4.

4:2 **«چۈنكى خۇدا گۇناھ سادىر قىلغان پەرىشتىلەرنى ئاياپ ئولتۇرماي، بەلكى ئۇلارنى تەھتىسارانىڭ ھاڭغا تاشلاپ، ، سوراققا تارتقۇچە زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتىكى زەنجىرلەر بىلەن سولاپ قويغان يەردە...»** ــ «تەھتىسارانىڭ ھاڭى» گرېك تىلىدا «تارتارۇس» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ جاي تەھتىسارادىن ئايرىم تۇرىدۇ؛ قارىغاندا، بۇ يەر مۇشۇنداق گۇناھ سادىر قىلغان پەرىشتىلەرگە ئالاھىدە تەييارلانغان.

—«زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتىكى زەنجىرلەر» ــ ياكى «زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتىكى ئۆڭكۈرلەردە».

—مۇشۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان پەرىشتىلەر ئەسلى شەيتان بىلەن بىللە خۇداغا ئىسيان كۆتۈرگەنلەرنى ئەمەس، بەلكى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە گۇناھ قىلغان پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. «يار.» 1:6-5 ۋە ئىزاھاتلار، «يەھ.» 6-7-ئايەتلەرنى ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

**4:2** يەھ. 6؛ ۋەھ. 3:20.

5:2 **«پەقەت ھەققانىيلىققا دەۋەت قىلغۇچى نۇھنى باشقا يەتتىسى بىلەن ساقلاپ قالغان يەردە...»** ــ گرېك تىلىدا «پەقەت ھەققانىيلىققا دەۋەت قىلغۇچى سەككىزىنچى كىشى نۇھنى ساقلاپ قالغان يەردە ...» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**5:2** يار. 23:7؛ 1پېت. 19:3.

**6:2** يار. 24:19؛ قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 40:50؛ ئەز. 49:16؛ ھوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ يەھ. 7.

**7:2** يار. 7:19، 8.

[8](ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ياشىغان ھەققانىي لۇتنىڭ
ھەققانىي قەلبى ھەر كۈنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ئىتائەتسىزلىكلەر
تۈپەيلىدىن ئازابلىناتتى) [9]ئەمدى شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، رەب
ئىخلاسمەنلەرنى دۇچ كەلگەن سىناقلاردىن قانداق قۇتقۇزۇشنى ۋە
شۇنىڭدەك ھەققانىيسىزلارنى سوراق كۈنىگىچە جازالىنىشقا ساقلاپ
قويۇشنى بىلىدۇ. [10]بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز ئەتلىرىگە ئەگىشىپ
پاسىق ھەۋەسلەرگە بېرىلگەن، شۇنداقلا ھوقۇق ئىگىلىرىگە
سەل قارىغانلارنىڭ جازاسى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مۇشۇنداق
كىشىلەر ھالى چوڭ، مەنمەنچىلەردۇر، ئۇلار «روھىي ئۇلۇغلار»غا
ھاقارەت قىلىشتىن ھېچ قورقمايدىغانلاردۇر. [11]ھەتتا ئۇلاردىن
كۈچ-قۇدرەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغان پەرىشتىلەرمۇ پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا بۇ «ئۇلۇغلار»نى ھاقارەت بىلەن ئەرز قىلمايدۇ. [12]ئەمما بۇلار
خۇددى ئوۋلىنىپ بوغۇزلىنىش ئۈچۈن تۇغۇلغان ياۋايى ئەقىلسىز
ھايۋانلاردەك كېلىپ، ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان ئىشلار ئۈستىدە
ھاقارەتلىك سۆز قىلىدۇ ۋە شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ھالاكەت ئىشلىرى

---

**8:2** زەب. 158:119.

**9:2** 1كور. 13:10.

10:2 **«بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز ئەتلىرىگە ئەگىشىپ پاسىق ھەۋەسلەرگە بېرىلگەن، شۇنداقلا ھوقۇق ئىگىلىرىگە سەل قارىغانلارنىڭ جازاسى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ» —** «ھوقۇق ئىگىلىرى» دېگەنلىك شۈبھىسىزكى، مۇشۇ يەردە پادىشاھلار، ۋالىيلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئەمەلدارلارنى، شۇنداقلا خۇدا بېكىتكەن ئاتا-ئانىلىق ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **«مۇشۇنداق كىشىلەر ھالى چوڭ، مەنمەنچىلەردۇر، ئۇلار «روھىي ئۇلۇغلار»غا ھاقارەت قىلىشتىن ھېچ قورقمايدىغانلاردۇر» —** «روھىي ئۇلۇغلار» ئەينى تېكىستتە «روھىي» دېگەن سۆز يوق. لېكىن 11-ئايەتكە قارىغاندا چوقۇم ئەرشتىكى (يامان) كۈچلەر، يەنى جىن-شەيتانلارنى كۆرسەتسە كېرەك.

11:2 **«ھەتتا ئۇلاردىن كۈچ-قۇدرەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغان پەرىشتىلەرمۇ...» —** «ئۇلاردىن» — بەزىلەر مۇشۇ يەردىكى «ئۇلار»نى «ئەرشتىكى ئۇلۇغلار»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بىزنىڭچە «ئۇلار» ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. پەرىشتىلەر ئەلۋەتتە جىن-شەيتانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ! **«... پەرىشتىلەرمۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا بۇ «ئۇلۇغلار»نى ھاقارەت بىلەن ئەرز قىلمايدۇ» —** مەسىلەن، «يەھ.» 9-ئايەتنى كۆرۈڭ.

بىلەن تولۇق ھالاك بولىدۇ، [13]شۇنداقلا ئۆز ھەققانىيسىزلىقىغا تۇشلۇق جازانىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ. ئۇلار ھەتتا كۈندۈزى ئوچۇق-ئاشكارا ئەيش-ئىشرەت قىلىشنىمۇ لەززەت دەپ ھېسابلايدۇ؛ ئۇلار سىلەرگە نومۇس ۋە داغ كەلتۈرۈپ سىلەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ، ئۆز مەككارلىقلىرىدىن زوقلىنىدۇ. [14]ئۇلارنىڭ زىناخورلۇق بىلەن تولغان كۆزلىرى گۇناھ سادىر قىلىشتىن ئۆزۈلمەيدۇ؛ ئۇلار تۇراقسىز كىشىلەرنى ئېزىقتۇرىدۇ؛ ئۇلار قەلبىنى ئاچكۆزلۈككە كۆندۈرگەن، لەنەتكە يېقىن بالىلاردۇر! [15]ئۇلار توغرا يولدىن چەتنەپ، بوسورنىڭ ئوغلى بالائامنىڭ يولىغا ئەگىشىپ كەتتى. ئۇ كىشى ھارام يولدا تاپقان ھەقنى ياخشى كۆرگۈچى ئىدى، [16]لېكىن ئۇ قىلغان قەبىھلىكى تۈپەيلىدىن تەنبىھنى يېدى (زۇۋانسىز ئېشەك ئىنسانىنىڭ ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ پەيغەمبەرنىڭ ئەخمىقانە

---

**12:2 «...شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ھالاكەت ئىشلىرى بىلەن تولۇق ھالاك بولىدۇ»** — «ئۆزلىرىنىڭ ھالاكەت ئىشلىرى» دېگەننىڭ باشقا مەنىسى «ئۇلار (يەنى «ئەرشتىكى ئۇلۇغلار»)نىڭ ھالاكىتى» بولۇشى مۇمكىن. گرېك تىلىدا پەقەت «ئۇلارنىڭ ھالاكتى» دېيىلىدۇ.

**12:2** يەر. 3:12؛ يەھ. 10.

**15:2 «ئۇلار توغرا يولدىن چەتنەپ، بوسورنىڭ ئوغلى بالائامنىڭ يولىغا ئەگىشىپ كەتتى. ئۇ كىشى ھارام يولدا تاپقان ھەقنى ياخشى كۆرگۈچى ئىدى»** — «چۆل.» 22-24-بابلاردا، بالائامنىڭ ئاتىسى «بېئور» دەپ ئاتىلىدۇ. «بوسور» ئۇنىڭ باشقا ئىسمى بولسا كېرەك.

**15:2** چۆل. 21:22، 7؛ يەھ. 11.

**ئىشنى توستى). [17] مانا مۇشۇنداق كىشىلەر قۇرۇپ كەتكەن بۇلاقلار،**
**بوراندىن ھەيدىلىپ يۈرگەن تۇمانلارغا ئوخشايدۇ؛ ئۇلارغا مەڭگۈلۈك**
**زۇلمەتنىڭ قاپقاراڭغۇلۇقىدا جاي ھازىرلاپ قويۇلغان. [18] چۈنكى ئۇلار**
**يالغان-ياۋىداق يوغان سۆزلەر بىلەن ماختىنىپ، ئادەمنىڭ ئەتلىك**
**ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىپ ئەيش-ئىشرەت ئىشلىرى بىلەن ئېزىتقۇلۇق**
**يولىدا مېڭىۋاتقانلاردىن ئۆزلىرىنى يېڭىلا قاچۇرغانلارنى ئازدۇرىدۇ.**
**[19] ئۇلار مۇشۇ كىشىلەرگە «سىلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىمىز»**
**دەپ ۋەدە قىلىدۇ، لېكىن ئۆزلىرى ئەمەلىيەتتە بۇزۇقلۇقنىڭ**
**قۇللىرىدۇر. چۈنكى ئادەم نېمە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسا،**

---

16:2 **«لېكىن ئۇ بالائام «پەيغەمبەر» قىلغان قەبىھلىكى تۈپەيلىدىن تەنبىھنى يېدى زۇۋانسىز ئېشەك ئىنساننىڭ ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ پەيغەمبەرنىڭ ئەخمىقانە ئىشنى توستى»** — «بېئورنىڭ ئوغلى بالائام» توغرۇلۇق: مۇسا پەيغەمبەر ئىسرائىللارنى مىسىردىن خۇدا ۋەدە قىلغان زېمىنغا باشلاپ كېتىۋاتقاندا، يول ئۈستىدىكى پادىشاھلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئاشۇ پادىشاھلاردىن بىرى بېئورنىڭ ئوغلى بالائام دېگەن «پەيغەمبەر»نى ئىزدەپ بارىدۇ ۋە ئەگەر ئۇ ئىسرائىللارغا لەنەت ئوقۇسا، ئۇنىڭغا كۆپ پۇل بەرمەكچى بولىدۇ. خۇدا بالائامنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمىسىمۇ، بالائام بەربىر پۇلنى دەپ ئىسرائىللارغا لەنەت ئوقۇماقچى بولۇپ يولغا چىقىدۇ. مانا بۇ «بالائام پەيغەمبەرنىڭ يولى» دېيىلىدۇ. بىراق خۇدا بالائامنىڭ ئېشىكىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق: «مانا سېنىڭ ئېشىكىڭ مېنىڭ ئاۋازىمنى سەندىن ياخشى تونۇيدۇ» دېگەندەك، شۇ يولنىڭ قەبىھلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. «چۆل.» 22-24-بابلارنى كۆرۈڭ.

**16:2** چۆل. 21:22.

17:2 **«مانا مۇشۇنداق كىشىلەر قۇرۇپ كەتكەن بۇلاقلار، بوراندىن ھەيدىلىپ يۈرگەن تۇمانلارغا ئوخشايدۇ؛ ئۇلارغا مەڭگۈلۈك زۇلمەتنىڭ قاپقاراڭغۇلۇقىدا جاي ھازىرلاپ قويۇلغان»** — قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ھالى 4-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان پەرىشتىلەرنىڭكىدىن ئېغىر بولىدۇ.

**17:2** يەھ. 12.

18:2 **«چۈنكى ئۇلار يالغان-ياۋىداق يوغان سۆزلەر بىلەن ماختىنىپ، ئادەمنىڭ ئەتلىك ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىپ ئەيش-ئىشرەت ئىشلىرى بىلەن ئېزىتقۇلۇق يولىدا مېڭىۋاتقانلاردىن ئۆزلىرىنى يېڭىلا قاچۇرغانلارنى ئازدۇرىدۇ»** — «ئادەمنىڭ **ئەتلىك** ھەۋەسلىرى» — «رىملىقلارغا»دىكى كىرىش سۆزىمىزدىكى «ئەت» توغرۇلۇق مەزمۇننى كۆرۈڭ. —«ئېزىتقۇلۇق يولىدا مېڭىۋاتقانلاردىن ئۆزلىرىنى يېڭىلا قاچۇرغانلارنى ئازدۇرىدۇ» — ياكى «ئېزىتقۇلۇق يولىدا مېڭىۋاتقانلاردىن ئۆزلىرىنى ئاران قاچۇرغانلارنى ئازدۇرىدۇ».

شۇنىڭ قۇلى بولىدۇ. [20] چۈنكى ئەگەر ئۇلار رەببىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز
ئەيسا مەسىھنى تونۇش ئارقىلىق بۇ دۇنيانىڭ پاسىقلىقلىرىدىن
قۇتۇلۇپ، كېيىن شۇلارغا يەنە باغلىنىپ، بويسۇندۇرۇلغان بولسا،
ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھالى دەسلەپكىسىدىنمۇ بەتتەر بولىدۇ. [21] چۈنكى
ھەققانىيلىق يولىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەن مۇقەددەس
ئەمردىن يۈز ئۆرۈگەندىن كۆرە، بۇ يولنى ئەسلىدىنلا بىلمىگىنى
ئەۋزەل بولاتتى. [22] مۇشۇ ئىشەنچلىك ھېكمەتلىك سۆزلەر ئۇلاردا
ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ: ــ
«ئىت ئايلىنىپ ئۆز قۇسۇقىنى يەر» ۋە يەنە «چوشقا يۇيۇنۇپ چىقىپلا
قايتىدىن پاتقاقتا ئېغىنار».

## رەبنىڭ قايتىپ كېلىشىنىڭ كېچىكتۈرۈلۈش سەۋەبى

3 [1] ئى سۆيۈملۈكلىرىم، ھازىر سىلەرگە بۇ يېزىۋاتقىنىم
ئىككىنچى خېتىمدۇر. ھەر ئىككى خېتىمدە سىلەرنىڭ ساپ
كۆڭلۈڭلارنى ئويغىتىپ، شۇ ئىشلارنى ئەسلىتىشكە ئىنتىلدىمكى،
[2] مۇقەددەس پەيغەمبەرلەر بۇرۇن ئېيتقان سۆزلەرگە ۋە رەببىمىز ھەم
قۇتقۇزغۇچىمىزنىڭ روسۇللىرىڭلار ئارقىلىق يەتكۈزگەن ئەمرىگە
كۆڭۈل بۆلۈشۈڭلارنى ئۆتۈنىمەن.
[3] ئەڭ مۇھىمى شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا
ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرىدىغان، مەسخىرە
قىلىدىغان مازاقچىلار چىقىپ: [4] «قېنى، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىمەن

---

**19:2** يـۇھ. 8:34؛ رىم. 6:16.

**20:2** مات. 12:45؛ ئىبر. 6:4؛ 10:26.

22:2 **«ئىت ئايلىنىپ ئۆز قۇسۇقىنى يەر»** ــ بىرىنچى ھېكمەتلىك سۆز «پەند.» 26:11دىن ئېلىنغان. ئىككىنچىسىنىڭ مەنبەسى نامەلۇم.

**22:2** پەند. 26:11.

**1:3** 2پېت. 1:13.

**3:3** 1تىم. 4:1؛ 2تىم. 3:1؛ يەھ. 18.

دېگەن ۋەدىسى؟! ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆلۈمدە ئۇخلاپ قالغاندىن تاكى
ھازىرغىچە ھەممە ئىشلار دۇنيا ئاپىرىدە بولغان ۋاقىتتىكى بىلەن
ئوخشاش ھالەتتە كېتىۋاتىدۇ» دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. 5 ھالبۇكى،
ئۇلار ئەڭ قەدىمكى زاماندا خۇدانىڭ سۆزى بىلەن ئاسمانلارنىڭ
يارىتىلغانلىقىنى ۋە شۇنىڭدەك يەرنىڭ سۇدىن چىققان ھەم سۇنىڭ
ۋاستىسى بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئەتەي ئۇنتۇيدۇ. 6 شۇ
ئامىللارنىڭ ۋاستىلىرى بىلەن شۇ زاماندىكى دۇنيا كەلكۈندىن
غەرق بولۇپ يوقالدى. 7 ئەمما ھازىرقى ئاسمانلار بىلەن زېمىن
ئوخشاشلا شۇ سۆز بىلەن ئىخلاسسىز ئادەملەر سوراققا تارتىلىپ
ھالاك قىلىنىدىغان ئاشۇ كۈندە ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشكە ساقلىنىپ، تا
شۇ كۈنگىچە ھالىدىن خەۋەر ئېلىنىپ تۇرىدۇ.

---

**4:3** ئەز. 22:12.

5:3 **«ھالبۇكى، ئۇلار ئەڭ قەدىمكى زاماندا خۇدانىڭ سۆزى بىلەن ئاسمانلارنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ۋە شۇنىڭدەك يەرنىڭ سۇدىن چىققان ھەم سۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئەتەي ئۇنتۇيدۇ»** — «ئەتەي ئۇنتۇيدۇ» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۆز بەڭباشلىقىدىن ئۇنتۇيدۇ».

**5:3** يار. 9:1؛ زەب. 2:24.

6:3 **«شۇ ئامىللارنىڭ ۋاستىلىرى بىلەن شۇ زاماندىكى دۇنيا كەلكۈندىن غەرق بولۇپ يوقالدى»** — «...شۇ ئامىللارنىڭ ۋاستىلىرى بىلەن» دېگەن ئىبارە پەقەت سۇنىڭ ئۆزىنى ياكى سۇلار ۋە خۇدانىڭ سۆزىنى تەڭ كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە سۇلار ۋە خۇدانىڭ سۆزىنى تەڭ كۆرسىتىدۇ؛ چۈنكى (گرېك تىلىدا) ئالدىنقى جۈملىدە بۇ ئىككى ئىش ئەڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان، شۇنداقلا 7-ئايەتتە خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ۋاستە بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

**6:3** يار. 21:7، 10.

7:3 **«ئەمما ھازىرقى ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئوخشاشلا شۇ سۆز بىلەن ئىخلاسسىز ئادەملەر سوراققا تارتىلىپ ھالاك قىلىنىدىغان ئاشۇ كۈندە ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشكە ساقلىنىپ، تا شۇ كۈنگىچە ھالىدىن خەۋەر ئېلىنىپ تۇرىدۇ»** — «ئوخشاشلا شۇ سۆز» دېگەن ئىبارىنىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ (يەنى، خۇدانىڭ) سۆزى».

—«ھالىدىن خەۋەر ئېلىنىپ تۇرىدۇ» — پەقەت ساقلانغانلا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ غەمخورلۇقىنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ.

**7:3** زەب. 102:25-26؛ يەش. 51:6؛ 2تېس. 1:8؛ ئىبر. 1:11؛ 2پېت. 3:10.

[8]ئەمدى ئى سۆيۈملۈكلىرىم، شۇ ئىش نەزىرىڭلاردىن قاچمىسۇنكى،
رەبگە نىسبەتەن بىر كۈن مىڭ يىلدەك ۋە مىڭ يىل بىر كۈندەكتۇر.
[9]رەب ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنداشنى (بەزىلەرنىڭ «كېچىكتۈردى» دەپ
ئويلىغىنىدەك) كېچىكتۈرگىنى يوق، بەلكى ھېچكىمنىڭ ھالاك
بولۇشىنى خالىماي، ھەممە ئىنسانىنىڭ توۋا قىلىشقا كېرىشىنى
ئارزۇلاپ، سىلەرگە كەڭچىلىك قىلىپ ۋاقتىنى سوزماقتا.
[10]لېكىن رەبنىڭ كۈنى خۇددى ئوغرىنىڭ كېلىشىدەك كۈتۈلمىگەن
ۋاقىتتا بولىدۇ. ئۇ كۈنى ئاسمانلار شىددەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز
بىلەن غايىب بولۇپ، كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى شىددەتلىك
ئوتتا ئېرىپ تۈگەيدۇ؛ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل نەرسىلەرمۇ
كۆيۈپ كېتىدۇ. [11]ھەممە نەرسە مانا شۇنداق ئېرىپ يوقىلىدىغان

---

**8:3 «رەبگە نىسبەتەن بىر كۈن مىڭ يىلدەك ۋە مىڭ يىل بىر كۈندەكتۇر»** — رەب ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**8:3** زەب. 4:90.

**9:3 «رەب ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنداشنى بەزىلەرنىڭ «كېچىكتۈردى» دەپ ئويلىغىنىدەك كېچىكتۈرگىنى يوق، بەلكى ھېچكىمنىڭ ھالاك بولۇشىنى خالىماي، ھەممە ئىنسانىنىڭ توۋا قىلىشقا كېرىشىنى ئارزۇلاپ، سىلەرگە كەڭچىلىك قىلىپ ۋاقتىنى سوزماقتا»** — رەب قايتىپ كەلگەندە يەر يۈزىدىكىلەرگە توۋا قىلىش پۇرستى قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**9:3** ئەز. 32:18؛ 11:33؛ يەش. 18:30؛ ھاب. 3:2؛ رىم. 4:2؛ 1تىم. 4:2؛ 1پېت. 20:3؛ 2پېت. 15:3.

**10:3 «لېكىن رەبنىڭ كۈنى خۇددى ئوغرىنىڭ كېلىشىدەك كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا بولىدۇ»** — «رەبنىڭ كۈنى» (مەسىھنىڭ كېلىدىغان كۈنى) تەۋراتتىكى كۆپ يەرلەردە «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» دەپ كۆرسىتىلىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»دىكى «خۇدانىڭ كۈنى» توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ.

—«ئوغرىنىڭ كېلىشىدەك» — دېمەك، كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا. **«ئۇ كۈنى ئاسمانلار شىددەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن غايىب بولۇپ، كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى شىددەتلىك ئوتتا ئېرىپ تۈگەيدۇ؛ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل نەرسىلەرمۇ كۆيۈپ كېتىدۇ»** — «كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى» ياكى «بارلىق ئاسمان جىسىملىرى».

—«ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل نەرسىلەرمۇ» دېگەننىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى: «ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل ئىشلارمۇ» ياكى «ئۇنىڭدىكى بارلىق قىلغان ئىشلارمۇ».

— **«زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل نەرسىلەرمۇ كۆيۈپ كېتىدۇ»** — بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «زېمىن ۋە ئۈستىدىكى بارلىق ئىشلار يالىڭاچ ئاشكارىلىنىدۇ» دېيىلىدۇ.

**10:3** مات. 44:24، 43؛ 1تېس. 2:5؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16.

يەردە، سىلەر قانداق ئادەملەردىن بولۇشۇڭلار كېرەك؟ ــ ھاياتىڭلارنى
پاك-مۇقەددەسلىكتە ۋە ئىخلاسمەنلىكتە ئۆتكۈزۈپ، [12] خۇدانىڭ
كۈنىنى تەلمۈرۈپ كۈتۈپ، ئۇ كۈنىنىڭ تېزرەك كېلىشى ئۈچۈن
ئىنتىلىشىڭلار كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئۇ كۈنىنىڭ كېلىشى بىلەن پۈتۈن
ئاسمانلار ئوتتا يوقاپ تۈگەيدۇ ۋە كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى
شىددەتلىك ئوتتا ئېرىپ تۈگەيدۇ. [13] لېكىن بىز بولساق ئۇنىڭ ۋەدىسى
بويىچە، يېڭى ئاسمان-زېمىننى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز. ئۇ
يەر ھەققانىيلىقنىڭ ماكانىدۇر.
[14] شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي سۆيۈملۈكلىرىم، بۇ ئىشلارنى
كۈتۈۋاتقانىكەنسىلەر، شۇ تاپتا خۇدانىڭ ئالدىدا نۇقسانسىز ۋە
داغسىز، ئىناقلىق-خاتىرجەملىك ئىچىدە ھازىر بولۇپ چىقىشىڭلار
ئۈچۈن ئىنتىلىڭلار. [15] ۋە رەببىمىزنىڭ سەۋر-تاقىتىنى نىجات دەپ
بىلىڭلار، دەل سۆيۈملۈك قېرىندىشىمىز پاۋلۇسمۇ ئۆزىگە ئاتا

---

12:3 **«خۇدانىڭ كۈنىنى تەلمۈرۈپ كۈتۈپ، ئۇ كۈنىنىڭ تېزرەك كېلىشى ئۈچۈن ئىنتىلىشىڭلار كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئۇ كۈنىنىڭ كېلىشى بىلەن پۈتۈن ئاسمانلار ئوتتا يوقاپ تۈگەيدۇ ۋە كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى شىددەتلىك ئوتتا ئېرىپ تۈگەيدۇ»** ــ «خۇدانىڭ كۈنى» دېگەن ئىبارە توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.
ــ«كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى» دېگەنىنىڭ باشقا خىل تەرجىمىسى: «بارلىق ئاسمان جىسىملىرى»

**12:3** زەب. 3:50؛ 2تېس. 1:8.

13:3 **«لېكىن بىز بولساق ئۇنىڭ ۋەدىسى بويىچە، يېڭى ئاسمان-زېمىننى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز. ئۇ يەر ھەققانىيلىقنىڭ ماكانىدۇر»** ــ «ئۇ يەر» ھەم يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىنىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**13:3** يەش. 17:65؛ 22:66؛ ۋەھ. 1:21.

قىلىنغان دانالىق بىلەن بۇ ئىشلار توغرۇلۇق سىلەرگە يازغان؛ [16] بارلىق
خەتلىرىدىمۇ ئۇ بۇ ئىشلار ھەققىدە توختىلىدۇ. ئۇنىڭ خەتلىرىدە
چۈشىنىش تەس بولغان بەزى ئىشلار بار؛ بۇ ئىشلارنى تەلىم ئالمىغان
ۋە تۇتامى يوق كىشىلەر مۇقەددەس يازمىلارنىڭ باشقا قىسىملىرىنى
بۇرمىلىغاندەك، بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆز بېشىغا
ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ.
[17] شۇنىڭ بىلەن، ئى سۆيۈملۈكلىرىم، مەن ئېيتقان بۇ ئىشلارنى
ئالدىنئالا بىلگەنىكەنسىلەر، بۇ ئەخلاقسىزلارنىڭ سەپسەتلىرى
بىلەن ئازدۇرۇلۇپ، مۇستەھكەم تۇرۇشۇڭلارنى يوقىتىپ قويۇشتىن
ھوشيار بولۇڭلار. [18] ئەكسىچە، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىدە ھەم
رەببىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز ئەيسا مەسىھكە بولغان بىلىشتە
داۋاملىق ئۆسۈڭلار.

---

15:3 **«رەببىمىزنىڭ سەۋر-تاقىتى»** — ياكى «رەببىمىزنىڭ كەڭچىلىك قىلىشى». **«ۋە رەببىمىزنىڭ سەۋر-تاقىتىنى نىجات دەپ بىلىڭلار»** — بۇ ئىنتايىن ئىخچام جۈملە بولۇپ، بەلكىم: «خۇدانىڭ سەۋر-تاقىتى تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرگە گۇناھىدىن قۇتقۇزۇلۇش پۇرستى يارىتىپ بەرمەكتە، دەپ بىلىڭلار» دېگەندەك مەنىدە بولۇشى مۇمكىن. يەنە مۇمكىنچىلىكى باركى، «نىجات» مۇشۇ يەردە «بۇ دۇنيانىڭ ساقلىنىپ قېلىشى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن؛ نېمىلا بولمىسۇن ئايەتنىڭ ئاساسىي مەنىسى ئوخشاش؛ بىز پەقەت بۇ دۇنيادا بولساقلا، بۇگۈن توۋا قىلىپ گۇناھلىرىمىزدىن قۇتۇلۇش يولى ئوچۇق تۇرىدۇ، دەپ بىلىشىمىز لازىم. **«دەل سۆيۈملۈك قېرىندىشىمىز پاۋلۇسمۇ ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان دانالىق بىلەن بۇ ئىشلار توغرۇلۇق سىلەرگە يازغان»** — «قېرىندىشىمىز پاۋلۇسمۇ... سىلەرگە يازغان» — پاۋلۇسنىڭ كۆپ خىزمىتى «يات ئەللەر»، يەنى يەھۇدىي ئەمەسلەر ئارىسىدا بولغاچقا، پېترۇسنىڭ بۇ خېتىمۇ بەلكىم يەھۇدىي بولمىغان ئېتىقادچىلارغا يېزىلغان بولسا كېرەك.

**15:3** رىم. 4:2.

**16:3** رىم. 19:8؛ 1كور. 24:15؛ 1تېس. 15:4.

17:3 **«شۇنىڭ بىلەن، ئى سۆيۈملۈكلىرىم، مەن ئېيتقان بۇ ئىشلارنى ئالدىنئالا بىلگەنىكەنسىلەر...»** — «مەن ئېيتقان بۇ ئىشلار» بەلكىم روسۇل پېترۇسنىڭ يۇقىرىدا ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. **«بۇ ئەخلاقسىزلارنىڭ سەپسەتلىرى بىلەن ئازدۇرۇلۇپ، مۇستەھكەم تۇرۇشۇڭلارنى يوقىتىپ قويۇشتىن ھوشيار بولۇڭلار»** — «بۇ ئەخلاقسىزلار» گرېك تىلى نۇسخىسىدا 7:2دىمۇ ئوخشاش سۆز ئىشلىتىلىدۇ؛ دېمەك، «بۇ ئەخلاقسىزلار» دەل ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭغا ھەم ھازىر ھەم ئاشۇ ئەبەد كۈنىگىچە بارلىق شان-شەرەپ مەنسۇپ بولغاي! ئامىن!

18:3 **«ئەكسىچە، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىدە ھەم رەببىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز ئەيسا مەسىھكە بولغان بىلىشتە داۋاملىق ئۆسۈڭلار»** — «ئۆسۈڭلار» بولسا روھىي ھاياتتا، ئىمان-ئېتىقاد جەھەتتە بولىدۇ. مۇشۇ روھىي ئۆسكەن ئادەم خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە رەب ئەيسا مەسىھنى چوڭقۇر تونۇشقا كۆپرەك نېسىپ بولىدۇ. دېمەك، «خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە رەب ئەيسا مەسىھنى چوڭقۇر تونۇش» ھەم روھىي ئۆسۈشنىڭ ۋاسىتىسى ھەم نەتىجىسىدۇر.
—باشقا بىرخىل تەرجىمىسى «رەببىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتىدە ھەم ئۇنىڭغا بولغان تونۇشتا داۋاملىق ئۆسۈڭلار».

# قوشۇمچە سۆز

## پېترۇس نېمىشقا مەسىھنىڭ «تاغدىكى زور ئۆزگىرىشى» ياكى «جۇلالىقتا كۆرۈنۈشى»نى شۇنچە تەكىتلەيدۇ؟ (18-16:1)

نېمە ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن روسۇل پېترۇس رەببىمىزنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى ياكى ھەتتا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىگە ئەمەس (ئۇ ھەم ئىككى ۋەقەگە گۇۋاھچى بولغانىدى)، بەلكى ئۇنىڭ «تاغدىكى زور ئۆزگىرىشى» ياكى «شان-شەرەپتە كۆرۈنۈشى»كە گۇۋاھلىق بېرىشنى تاللايدۇ؟ بۇ سوئالغا مۇناسىۋەتلىك بولغان شۇنى بايقايمىزكى، ئۆلۈمدىن تىرىلگەن رەب ئەيسا كۆرۈنگەن ۋاقىتدا بىر قېتىم پېترۇس بىلەن ئايرىم سۆزلەشتى. مەسىھ پېترۇسقا ئايرىم كۆرۈنگەن چاغدا سۆزلەشكەن مەزمۇنلار بەلكىم پېترۇسنىڭ خۇسۇسىي ئىشى سۈپىتىدە باشقىلارغا ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ بۇ ئايرىم دېيىشكەن سۆزلەر توغرۇلۇق ئېيتمايدۇ. لېكىن ئېسىمىزدە باركى، «زور ئۆزگىرىش» يۈز بەرگەندە، مەسىھ تاغدا ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ كۆرۈنۈشىنى كۆرگەن پېترۇس، ياقۇپ ۋە يۇھاننالارغا: «ئىنسانئوغلى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلمىگۈچە، بۇ ئالامەت كۆرۈنۈشنى ھېچكىمگە تىنماڭلار» دەپ تاپىلىدى. ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بۇ ئۇلۇغ ۋەھيىنى جامائەتكە يەتكۈزۈش ئىدى.

پېترۇسنىڭ بۇ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغۇچىلار بەلكىم باشقا كۆپ ئادەملەرنىڭ مەسىھنىڭ تىرىلىشى توغرۇلۇق گۇۋاھچىلىقىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، روسۇل پاۋلۇس بىزگە، ئۇ تىرىلگەندىن كېيىن بىر قېتىم 500دىن كۆپ ئادەم ئۇنى كۆردى، دەيدۇ («1كور.» 6:15). لېكىن ئۇنىڭ «جۇلالىقتا كۆرۈنۈش»نى كۆرگەنلەر پەقەت ئۈچ ئادەم ئىدى. شۈبھىسىزكى، شۇ چاغدا ئۇلار ھەتتا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشىدىكى كۆرۈنۈشلەردە كۆرۈنمەيدىغان ئۇنىڭ مەلۇم بىرەر شەرىپىنى كۆرگەنىدى. دەرۋەقە، رەببىمىز ئۆلۈمدىن تىرىلىپ كۆرۈنگەنلىرىدە، پات-پات سالاھىيىتىنى ئۆزىنى كۆرگەنلەردىن ئۆزىنى ئىمان-ئىشەنچ ئارقىلىق تونۇغۇچە يوشۇراتتى ۋە شۇندىق قىلىشتىن بىرخىل زوق ئالغان بولۇشى مۇمكىن. «ئى ئىسرائىلنىڭ خۇداسى، نىجاتكار، دەرھەقىقەت ئۆزىنى

يوشۇرۇۋالغۇچى بىر خۇدادۇرسەن!» («يەش.» 15:45). «مات.» 16:28-17،
«مار.» 12:16، «لۇقا» 23:24-36، «يۇھ.» 11:20-18، 1:21-14نى كۆرۈڭ.
ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى نېمە ئىدى؟
«مات.» 16:28-2:17: —
«مەن سىلەرگە شۇنى بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىشتىن بۇرۇن جەزمەن ئىنسانئوغلىنىڭ ئۆز پادىشاھلىقى بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرىدىغانلار باردۇر. ۋە ئالتە كۈندىن كېيىن، ئەيسا پېترۇس، ياقۇپ ۋە ياقۇپنىڭ ئىنىسى يۇھاننانى ئايرىپ ئېلىپ، ئېگىز بىر تاغقا چىقتى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ سىياقى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆزگىرىپ، يۈزى قۇياشتەك پارلىدى، كىيىملىرى نۇردەك ئاپئاق بولۇپ چاقنىدى...».
رەببىمىز ئاۋۋال ئۇلارغا: «بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىشتىن بۇرۇن جەزمەن ئىنسانئوغلىنىڭ ئۆز پادىشاھلىقى بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرىدىغانلار باردۇر» — دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى دەل شۇ ئىش ئىدى. ئەللىك بەش يىلدىن كېيىن، روسۇل يۇھاننا پاتموس ئارىلىدا تۇرغاندا، رەب ئەيسا ئۇنىڭغا ئەرشتىن كۆرۈنگەندە، يۇھاننا تاغدا مەسىھنىڭ «جۇلالىقتا كۆرۈنۈش»نى كۆرگەن شۇ چاغدىكى شان-شەرەپكە ئوخشاش شان-شەرەپنى قايتىدىن كۆرگەن. نەتىجە قانداق بولدى؟ «ئۇنى كۆرگىنىمدە، ئايىغىغا ئۆلۈكتەك يىقىلدىم» («ۋەھ.» 17:1).
رەببىمىز ئارىمىزدا بىزدەك ئىنسان بولۇش ئۈچۈن «ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىدى» دەپ ئېتىراپ قىلىمىز («فىل.» 7:2). ئەمدى ئۇ ئۆزىدىن قۇرۇقدىغان «ھەممە»نىڭ — پارلاق شان-شەرەپ، چەكسىز دانالىق، بىھېساب كۈچ-قۇدرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى پەقەت خۇدانىڭ بىزگە تاپشۇرغان سۆز-كالامى ئارقىلىق ئىمان-ئىشەنچ بىلەن ئازراق كۆرەلەيدىغان، چۈشىنەلەيدىغان بولدۇق. ئەمما مەسىھدە ئاشۇ «زور ئۆزگىرىپ جۇلالىقتا كۆرۈنۈش» بولغاندا، پېترۇس، ياقۇپ ۋە يۇھاننالار بىۋاستە ئەيسانىڭ ئەينى، تولۇق سالاھىيىتىدىن، ئىچكى شان-شەرىپىنىڭ بىر شولىسىنى غىل-پال كۆرگەن بولدى. رەسىم نىگاتىپى نۇرغا ئاشكارىلانغاندەك، مۇشۇ كۆرۈنۈش پېترۇسنىڭ قەلبى ۋە روھىغا ئىنتايىن چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ ئورناشقانىدى. قارىغۇ ۋاقىتلاردا بۇ كۆرۈنۈش دائىم

ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەنىدى. ھازىر بولسا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى مەسىھنىڭ دەل بۇ ھەقىقىي شان-شەرىپىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ رېئاللىقتۇر. بۇنىڭغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ ئالدىدا تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ئۆلۈمى چاغلىق ئىش كۆرۈنەتتى (پېترۇسنىڭ بېشى پەسكە قىلىنىپ كرېستلەنگەن) ۋە خۇدانىڭ بارلىق مۇقەددەس بەندىلىرى كەلگۈسىدە ئۆلىدىغان بىر تەنىنىڭ چەكلىك كۈچىدىن ھالقىپ، بۇ شان-شەرەپنى ۋە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۇلۇغىنى كۆرىدۇ، ئامىن!

## ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر

روسۇل پېترۇسنىڭ بۇ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ «سوقۇنۇپ كىرگەن»لىكىنى بايقايمىز (2:2). ئۇ ئۇلارنى تەۋرات قانۇنى دەۋرىدە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ساختا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىتىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال نىيەت-نىشانلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ — مەقسەتلىرى ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش (3:2). ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى تۈرلۈك گۇناھلارغا تولغان بولىدۇ (14:2). ئۇلارنىڭ قارالىغان نىشانى بولسا تۇتامى يوق كىشىلەردۇر — يەنى پۈلى بار كىشىلەر ياكى قىز-ئاياللار (پېترۇس ئېيتقان بۇ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر ئەر كىشىلەردۇر. تەلىم بەرگۈچىلەر ئەسلىدە ئايال كىشىلەردىن بولماسلىقى كېرەك («1تىم» 2:11-15)). پېترۇس مۇشۇ كىشىلەرنى «بالائامنىڭ يولىدا ماڭغانلار» دەپ تەسۋىرلەيدۇ (بالائامنىڭ تارىخى «چۆل.» 22-24-بابتا تېپىلىدۇ).

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەسىرلەردە مۇشۇنداق ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنى تارىخنىڭ ئېنىق پاكىتىدۇر. كېيىنكى قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن دەۋرلەر تېخىمۇ شۇنداق. بىراق ھازىرقى زامانلار ئۈستىدە توختالغۇمىز كېلىدۇ. تېلېۋىزىيىنىڭ ئاتالمىش «خۇدا قاناللىرى»دىكى تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دەل شۇنداق ساختا تەلىم بەرگۈچىلەردىندۇر. بىز باشقا يەرلەردە ئۇلارنىڭ «خىزمىتى» ئۈستىدە ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇلار «تەلىمچى» ئەمەس، «تىلەمچى»لەردۇر. ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ «مۆجىزىلىك قۇدرىتى»دىن ماختىنىدۇ. ھەتتا ئۇلاردا «مۆجىزىلىك قۇدرەت» بارمۇ، دېيىلى، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ مېۋىسى مۇشۇ «قۇدرەت»نىڭ قايسى مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى بارلىق ئەقلى

بار ئادەملەرگە ئىسپاتلىشى كېرەكتۇر. مۇشۇ ماختىنىشلىرىنىڭ نىقابى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە يۈزلىگەن شەكىلدە قايتىلانغان ئاساسىي خەۋەرلىرى مۇنداق: —

(1) خۇدا ئۆز خەلقىنى كۆپرەك سەدىقە بېرىشكە چاقىرىۋاتىدۇ.

(2) خۇدانىڭ خەلقىنىڭ سەدىقىسىنى خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرىغا — بولۇپمۇ «مۆجىزە-كارامەتلەرنى كۆرسىتىدىغان» خىزمەتكارلىرىغا تاپشۇرۇشى كېرەك.

خۇدانىڭ خەلقىنىڭ سەدىقىسىنى كەمبەغەللەرگە بېرىش توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىرمۇ سۆز چىقمايدۇ. چىققان تەقدىردىمۇ چىقىسمۇ «بىزنىڭ ۋاستىسىمىز ئارقىلىق بېرىلسۇن» دەيدۇ. ئۇنداقتا مۇشۇ پۇل قەيەرگە كېتىدۇ؟!

(3) خۇدانىڭ خىزمەتكارى مانا مەن — شۇڭا سەدىقەڭلارنى ماڭا ئەۋەتىشىڭلار كېرەك!

(4) كۆپرەك پۇل ئەۋەتسىڭىز، خۇدا سىزنى كۆپ پۇل بىلەن بەرىكەتلەيدۇ! (بۇ قىمارۋازلىققا ئوخشايدۇ — قايسى تەلىم بەرگۈچىنى تالسام، كۆپرەك پۇل بىلەن بەرىكەتلىنىمەن؟!)

(5) پېترۇس دەل ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنى تەسۋىرلىگەندەك، مۇشۇ «تېلېۋىزىيە چولپانلىرى»نىڭ ئىبلىسنى مازاق قىلىپ، ئۇنىڭغا: — «ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يەتكۈزگەن تەسىرىڭنى توختات!» ياكى «چىقىپ كەت!» دەپ ئەمر چۈشۈرگەنلىكى دائىم كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ (2:10-13). ئۇلار روھىي كۈچىدىن كۆپ مەغرۇرلىنىدۇ ۋە «روھىي ئۇرۇش» توغرۇلۇقمۇ كۆپ سۆزلەيدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىبلىسنىڭ ئەسىرى ۋە قورالىدۇر. ھەقىقىي «روھىي ئۇرۇش» بىرىنچىدىن خۇدا ئالدىدا ھەققەت ۋە كەمتەرلىك ئىچىدە دۇرۇس ياشاش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ («ئەف.» 6:10-18).

رەببىمىز بىزگە «سىلەر ئۇلارنى (ساختا پەيغەمبەرلەرنى) مېۋىلىرىدىن تونۇۋالالايسىلەر» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. («مات.» 7:16). مەلۇم تەلىم بەرگۈچىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ — بۇ ئادەمنىڭ روھىدىن نېمە چىقىۋاتىدۇ؟ ئۇ ئادەملەرنى ئۆزىگە ياكى خۇداغا جەلپ قىلماقچىمۇ؟ ئۇ مۇھەببەتلىك كىشىمۇ، ياكى مەغرۇر كىشىمۇ؟

## 12:3 خۇدانىڭ كۈنى

ئاخىردا بىز مۇشۇ ئىبارە ئۈستىدە سەل توختىلىمىز. بۇ ئىبارە پەقەت ئۇشبۇ خەتتە تېپىلىدۇ. بەلكىم بىز ئۇنى تەۋراتتا كۆپ تىلغا ئېلىنغان «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» ياكى «رەببنىڭ كۈنى»گە ئوخشاش ئىش دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن (10-ئايەت). بىز «خۇدانىڭ كۈنى»دە «پۈتۈن ئاسمانلار شىددەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن غايىب بولۇپ، كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى شىددەتلىك ئوتتا ئېرىپ تۈگەيدۇ؛ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل نەرسىلەرمۇ كۆيۈپ كېتىدۇ» (12:3) ئاندىن «يېڭى ئاسمانلار ۋە يېڭى زېمىن» پەيدا بولىدۇ (13:3)، دەپ ئوقۇيمىز.

بۇ سۆزلەر بىزنى شۇئان ئىنجىلدىكى «ۋەھيى» دېگەن قىسىمغا ئاپىرىدۇ؛ ئۇ يەردە مەسىھنىڭ يەر يۈزىدە مىڭ يىللىق سۈرگەن سەلتەنىتىنىڭ بېشارىتىدىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئىشلار ئاشكارىلىنىدۇ: —

«مىڭ يىل توشقاندا، شەيتان زىنداندىن بوشىتىلىپ، يەر يۈزىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى ئەللەرنى، يەنى گوگ ۋە ماگوگنى ئازدۇرۇش ۋە ئۇلارنى جەڭ قىلىشقا بىر يەرگە توپلاشقا چىقىدۇ. توپلانغانلارنىڭ سانى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك ساناقسىز بولىدۇ. ئۇلار يەر يۈزىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقىپ، مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ بارگاھىنى، يەنى خۇدا سۆيىدىغان شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. لېكىن ئاسماندىن ئوت يېغىپ، ئۇلارنى يۇتۇۋېتىدۇ. ئۇلارنى ئازدۇرغان ئىبلىس بولسا دىۋە بىلەن ساختا پەيغەمبەر كۆيۈۋاتقان ئوت ۋە گۈڭگۈرت كۆلىگە تاشلىنىپ، ئۇ يەردە كېچە-كۈندۈز ئەبەدىلئەبەدگىچە قىينىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ بىر ئاق تەخت ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرغۇچىنى كۆردۈم. ئاسمان بىلەن زېمىن ئۇنىڭ يۈزىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئۇلار تۇرغۇدەك جاي ئەمدى ھەرگىز تېپىلمايدۇ... ئاندىن، يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىننى كۆردۈم؛ چۈنكى بۇرۇنقى ئاسمان ۋە زېمىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى، دېڭىزمۇ مەۋجۇت بولمىدى»

(«ۋەھ.» 7:20-11، 1:21)

شۇنىڭ بىلەن پېترۇس تىلغا ئالغان ۋەقە («پۈتۈن ئاسمانلار شىددەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن غايىب بولۇپ، كائىناتنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى شىددەتلىك ئوتتا ئېرىپ تۈگەيدۇ؛ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل نەرسىلەرمۇ كۆيۈپ كېتىدۇ») ئاشۇ مىڭ يىللىق سەلتەنەتنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ. ئۇ دېگەنىدەك ئېتىقادچىلارنىڭ كۆزلىرى يەر يۈزىدىكى شۇ مىڭ يىللىق سەلتەنەتتە ئەمەس، بەلكى كېيىن كېلىدىغان «يېڭى ئاسمانلار ۋە يېڭى زېمىن» ئۈستىدىدۇر. دېمەك، بىز ئېتىقادچىلار مەسىھنىڭ مىڭ يىللىق پادىشاھلىق مەزگىلىنى مەڭگۈلۈك بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىر دەقىقە، خالاس، دەپ ھېسابلىشىمىز كېرەك.

پېترۇسنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نىڭ بىر قىسمى بولغىنىنى بايان قىلغىنىدىن (10:3) مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: —

مۇقەددەس يازمىلاردا، «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» دېگەن ئىبارىنىڭ ئۈچ مەنىسى تېپىلىدۇ. قايسى يەردە كۆرۈلسە ئالدى-كەينى سۆزلىرىگە قاراپ قايسى مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈنىدۇ: —

(ئا) مەسىھنىڭ قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئۆزى (مەسىلەن، «يەش.» 12:2، «يو.» 15:1، 1:2، 31:2، «مال.» 5:4، «1كور.» 5:5)

(ئە) مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئاۋۋالقى يەتتە يىللىق ئازاب-ئوقۇبەتلىك مەزگىل («دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» دېيىلگەن) ۋە ئۇ قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئۆزى (مەسىلەن، «يەشايا» 13-باب، 34-باب، «يەر.» 10:46، «ئەز.» 19:7، 5:13، 19-1:30، «دان.» 28:11-13:12، «يو.» 14:3 «ئوب.» 15:1، «زەفانىيا» (پۈتۈن كىتاب)، «زەكەرىيا 12-14-باب، «مات.» 8:24-31، «1تېس.» 2:5-5، «2تېس.» 1:2-12).

(ب) يۇقىرىقى يەتتە يىللىق مەزگىل ۋە كېيىنكى مىڭ يىللىق سەلتەنەت، جۈملىدىن كونا ئاسمان-زېمىن ئوتتا ئېرىتىلگەن، يېڭى ئاسمان-زېمىن پەيدا بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ («2پېت.» 10:3-12).

ئەمدى نېمىشقا بۇ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» دەپ ئاتىلىدۇ؟ بۇ كۈن ئادەمنىڭ كۈنى، يەنى ئىنسانىنىڭ نام-ئابرويى كۆتۈرۈلگەن كۈن ئەمەس (دېمەك، ھازىرقى زامان ئەمەس («1كور.» 3:4)، بەلكى رەببىنىڭ كۈنى؛ دېمەك ئۇنىڭ نامى كۆتۈرۈلگەن، ئۇلۇغلانغان كۈن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتالغۇنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ مەزگىلنىڭ ھەربىرىنى تەسۋىرلەشكە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئەمدى «خۇدانىڭ كۈنى»چۇ؟ گەرچە ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»گە ئوخشاش مەنىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنە پېترۇس تىلغا ئالغان مىڭ يىللىق سەلتەنەتنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلۇشى مۇمكىن. چۈنكى شۇ كۈنى رەببىمىز خۇداسى ھەم ئاتىسىغا سەلتەنەتنى تاپشۇرىدۇ: —

«ئاندىن ئاخىرەت بولىدۇ؛ شۇ چاغدا ئۇ ھەممە ھۆكۈمرانلىق، بارلىق ھوقۇق ۋە كۈچلۈكلۈكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پادىشاھلىقنى خۇدا-ئاتىغا تاپشۇرىدۇ... ئەمما بارلىق ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇل ئۆزى ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچىغا بويسۇنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن خۇدا ھەممىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ» («1كور.» 15:24-28). شۇڭا «خۇدانىڭ كۈنى» دېگەن ئىبارە بەلكىم ھەممىدىن مۇھىم بولغان شۇ ئىشنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن — دېمەك، «خۇدا ھەممىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ».

# ئىنجىل 23-قىسىم

# «يۇھاننا 1-مەكتۇپ»

## («يۇھاننا (1)»)

## كىرىش سۆز

بۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى رەب ئەيسانىڭ ئەسلىدىكى «ئون ئىككى مۇخلىس»نىڭ بىرى، روسۇل يۇھاننادۇر. ئۇ «ئون ئىككەيلەن»دىن بولغاچقا، يەھيا پەيغەمبەر مەسىھنى چۆمۈلدۈرگىنىدىن باشلاپ رەببىمىزنىڭ ھاياتى ۋە خىزمىتىگە گۇۋاھچى ئىدى. يۇھاننا ئەسلىدە «چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا»نىڭ بىر مۇخلىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ھەمدە يەھيانىڭ مەسىھكە بولغان گۇۋاھلىقىنى ئاڭلاپ، يەھيادىن ئايرىلىپ ئەيساغا ئەگىشىشكە باشلىغان («يۇھ.» 1:29-37).

يۇھاننا يەنە «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» («يۇھ.»)نىڭ مۇئەللىپى ئىدى. بۇ باياندا ئۇ ئۆزىنى بىۋاستە كەرسەتمەي، بەلكى گاھى-گاھىدا «ئەيسانىڭ سۆيگەن مۇخلىسى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇشبۇ خەتنى يازغاندىن كېيىن ئۇ «يۇھاننا يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ» ۋە «ئۈچىنچى مەكتۇپ» ۋە ئاخىردا «ۋەھيي» دېگەن كىتابنىمۇ يازىدۇ.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەسىردىكى جامائەتنىڭ بەزى ئىشەنچلىك تارىخلىرى بويىچە، يۇھاننا يېرۇسالېم ياكى ئۇنىڭغا يېقىن جايدا تەخمىنەن مىلادىيە 66-يىلىغىچە تۇرغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ئەيسانىڭ ئانىسى مەريەمدىن ئۆز ئانىسىدەك خەۋەر ئالاتتى («يۇھ.» 19:26-27). مىلادىيە 66-يىلى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنى يېرۇسالېمنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

شۇ چاغدا يۇھاننا بەلكىم ئەفەسۇس شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا روسۇل پاۋلۇس ئالللىقاچان شۇ يەردىن كەتكەن ۋە بەلكىم 68-يىلى رىم شەھىرىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى قەدىمكى تارىخلار بويىچە، يۇھاننا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەفەسۇستا تۇرۇپ، شۇ يەر ۋە ئەتراپىدىكى جامائەتلەردىن خەۋەر ئالغان. ئۇشبۇ خەت بەلكىم ئەفەسۇستا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇھاننا مۇشۇ خەتتە ئۆز ئىسمىنى ئېيتمايدۇ. شۈبھىسىزكى، سەۋەب ئىسمىنى تىلغا ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەر ئادەم خەتنىڭ مۇئەللىپى كىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بىز بۇ دەۋردىكىلەر ئۇنىڭ خەتنىڭ مۇئەللىپى ئىكەنلىكىنى شۇ ۋاقىتتىكى جامائەتنىڭ تارىخلىرىدىن ۋە يەنە خەتنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئىستىلىدىن بىلىمىز. چۈنكى بۇ ئۇسلۇب-ئىستىل «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»نىڭكىگە ئوپئوخشاشتۇر.

## خەتنى يازغان ۋاقتى

قەدىمكى جامائەتنىڭ بەزى تارىخلىرى ھەم خەتنىڭ ئۆزىدە تىلغا ئېلىنغان بەزى بىدئەتچىلىك ئەھۋاللىرىدىن، بىز خەتنى بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، بەلكىم مىلادىيە 90-100-يىللار ئىچىدە يېزىلغان، دەپ بىلىمىز. چۈنكى شۇ بىدئەتلەر پەقەت شۇ چاغدىلا پەيدا بولغان.

## خەتنىڭ مەقسىتى - روسۇل يۇھاننانىڭ تۈپ خىزمىتى

رەببىمىزنىڭ پېترۇس ۋە ئاندرىياسنى ئاندىن يۇھاننا ۋە ياقۇپنى ئۆز خىزمىتىگە چاقىرغاندا، پېترۇس ۋە ئاندرىياس «بېلىق تۇتۇشقا دىڭىزغا تور تاشلاۋاتاتتى». يۇھاننا ۋە ياقۇپ بولسا «تورلىرىنى ئوڭشاۋاتاتتى» («مات.» 4:18-22). بۇ كىچىك ئىش بۇ تۆت ئادەمنىڭ كېيىنكى روھىي خىزمىتىگە پەۋقۇلاددە ماس كېلىدىغان بىرخىل رەسىم ياكى ئوخشىتىش بولىدۇ. پېترۇس بولسا كېيىن «تور تاشلىغۇچى» بولۇپ چىقتى؛ ئۇنىڭ خۇش خەۋەرنى جاكارلىغىنى مىڭلىغان كىشىلەرنى «خۇدانىڭ تورى»غا ئالدى («روس.» 2-باب، 4:4، 10-باب). جامائەتنىڭ دەسلەپتىكى تارىخىنىڭ بىردىنبىر خاتىرىسى بولغان «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن شۇ كىتابتا، يۇھاننا پەقەت ئاۋۋالقى بابلاردە

بىرقانچە قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ؛ شۇ تارىختا كۆزگە كۆرۈنەرلىك روسۇللار بولسا ئاۋۋال پېترۇس ئاندىن پاۋلۇس ئىدى.

پاۋلۇسنىڭ ئەسلىدىكى ھۈنىرى چېدىرچىلىق ئىدى. بۇنداق كەسپ يەنە بىزگە ئۇنىڭ كېيىنكى روھىي خىزمىتىگە ئالاھىدە ماس كەلگۈدەك بىر رەسىمدۇر، دەپ قارايمىز؛ چۈنكى كېيىن ئۇ مەسىھ ئۈچۈن «ئۇستا مىمار» بولۇپ («1كور.» 10:3)، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈلۈغ نىشانى «خۇدانىڭ ئۆيى» بولغان پۈتكۈل جامائەتنىڭ بىنادەك «پۇختا جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، رەبدە مۇقەددەس بىر ئىبادەتخانا بولۇشقا ئۆسۈش»تىن ئىبارەت ئىدى («ئەف.» 21:2).

روسۇل پاۋلۇس دۇنيا سەھنىسىدىن كەتكەندىن كېيىن، كۆپ جامائەتلەردە پاۋلۇس بېشارەت قىلغاندەك مۇنداق ئەھۋاللار پەيدا بولدى: — «مەن كەتكەندىن كېيىن، چىلبۆرىلەر ئاراڭلارغا كىرىپ، پادىنى ھېچ ئايىمايدۇ، ھەمدە ھەتتا ئاراڭلاردىنمۇ بەزىلەر مۇخلىسلارنى ئۆزلىرىگە تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەقىقەتنى بۇرمىلىغان تۈرلۈك ئىشلارنى سۆزلەيدۇ» («روس.» 29:20-30). رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچى-سىرتىدا تۇرغان كۆپ جامائەتلەر ساختا تەلىملەر ۋە ئالدامچىلار تەرىپىدىن تىتىلدى، بۆلۈندى ۋە قايمۇقتۇرۇلدى. تۆت تەرەپتە ھەرخىل ساختا تەلىم ۋە ساختا بېشارەتلەر ئايىنىپ يامراپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋاللاردا، جامائەتلەر روسۇل يۇھاننانىڭ ئالاھىدە خىزمىتىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇ بولسىمۇ «تور تاشلاش» ئەمەس، «بىنا قۇرۇش» ئەمەس، بەلكى «ئوڭشاش» ياكى «رېمونتچىلىق» ئىدى. ئۇنىڭ خەتلىرى (1-، 2- ۋە 3-) ئادەمنى خۇدانىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغانلارنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرى بولۇشى كېرەكلىكىگە بىۋاستە باشلاپ كىرىدۇ. ياقۇپ، پېترۇس ياكى پاۋلۇسنىڭ خەتلىرىدە بىزگە يەتكۈزگەنلىرىگە قارىغاندا، يۇھاننانىڭ بۇ خەتلىرىدە بىرەر يېڭى تەلىم ياكى ۋەھىي يەتكۈزۈلدى، دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇ بۇ خەتلىرىدە جامائەتنىڭ كۆزلىرىنى قايتىدىن خۇدانىڭ تۈپ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرى — يەنى ئۇنىڭ مۇتلەق پاك-مۇقەددەسلىكى، ھەققانىيلىقى ۋە مېھىر-مۇھەببىتىگە قاراتتى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر خۇدانىڭ ھاياتىنى قوبۇل قىلغانلاردىمۇ كۆرۈلۈشى مۇقەررەر؛ شۇڭا بۇلار ئارقىلىق خۇداغا تەۋە ياكى تەۋە ئەمەس بولغانلىقىمىزنى بىلەلەيمىز.

بۇ ئۆلچەم-سىناقلار پەقەت ئۆزىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە خۇداغا خاس بولغان باشقىلارنى تونۇپ، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن سىرداش-ھەمدەملىكتە بولۇشقا ۋە ئەكسىچە

خۇداغا خاس بولمىغانلارنى، بولۇپمۇ (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) «مەسىھنىڭ تەلىم-بېشارەتلىرى مەندە بار» دەپ تۇرۇۋالغانلارنى پەرق ئېتىپ، ئۇلاردىن ئۆزىمىزنى تارتىشقىمۇ مەدەت بېرىدۇ. شۇنداق «تەلىم بەرگۈچىلەر» خۇدادىن بولمىغان بولسا، ئۇلار بىلەن (قانچىلىك كارامەت-مۆجىزىلەرنى كۆرسىتەلىشىدىن قەتئىينەزەر) ھېچ كارىمىز ياكى باردى-كەلدىمىز بولماسلىقى كېرەكتۇر. يۇھاننانىڭ بۇ خەتتىكى خەۋىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن ھەربىرى خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ئۇدۇلغا كەلگەن تەلىم-بېشارەتلەرنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولىدۇ.

ئاخىردا شۇنى قوشۇپ ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، يۇھاننا ئۇشبۇ خېتىدە پەۋقۇلئاددە بىر بىدئەتچىلىك، يەنى «گنوستىسىزم»غا رەددىيە بېرىدۇ

شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچ خېتى، بولۇپمۇ بۇ بىرىنچىسىنى ئىنجىلنىڭ جەۋھىرى دەپ قارايمىز. پاۋلۇس «كولوسسىلىكلەرگە» يازغان مەكتۇپىدىمۇ بۇ بىدئەتچىلىكنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ بىدئەتچىلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن ئىدى: —

(1) «ئالاھىدە بىلىم ۋە سىرلار بىزدىلا بار، مەخپىي رەسمىيەتلىرىمىزدىن ئۆتسەڭلار، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشىسىلەر» («كول.» 16:2-23نى كۆرۈڭ).

(2) «ئومۇمەن ئېيتقاندا «ماددىي دۇنيا رەزىل»، پەقەت «روھىي دۇنيا» ياخشىدۇر».

(3) «ماددىي دۇنيا رەزىل ياكى ئەھمىيەتسىز، شۇنىڭدەك ئىنسانلارنىڭ تېنى بۇ ماددىي دۇنياغا تەۋە بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ ئۆز تېنىدە قىلغان ئىشلىرىمۇ ئەھمىيەتسىزدۇر». ««روھىي دۇنيا»غا تەۋە بولساق، تېنىمىز گۇناھ قىلىۋەرسە ھېچقانداق ئاقىۋىتى بولمايدۇ».

(4) «ماددىي دۇنيا رەزىل بولغاچقا، ئەيسا مەسىھ ئەرشتىن كېلىپ بىر تەندە ماكانلىشىپ ھەقىقىي ئىنسان بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت «ئىنسانىي قىياپەت»تە كەلگەن بىر روھ، خالاس؛ دېمەك، ئۇ «ئەتتە» ئەمەس».

(5) «ئىنسان بولغان ناسارەتلىك ئەيسا سۇدا چۆمۈلدۈرۈلگەن ۋاقتىدىلا خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ تېنىنى ئىلكىگە ئالدى؛ پەقەت شۇ چاغدىن كېيىنكى ئەيسانى «خۇدانىڭ ئوغلى» دېيىشكە بولىدۇ».

(6) «ئىنسان بولغان ناسارەتلىك ئەيسا ئۆلۈش ئالدىدا خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ تېنىدىن كەتتى؛ شۇڭا «خۇدانىڭ ئوغلى ئۆلدى» دېيىشكە بولمايدۇ».

گەرچە يۇھاننا خەتتە مۇشۇ ساختىلىققا تولۇق رەددىيە بەرگەن بولسىمۇ (بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۈستىدە ئىزاھاتلار ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز)، بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى ئۇ بىدئەتچىلىككە بەرگەن رەددىيىنىڭ ئۆزىدىن كۆپ مەزمۇنلۇقتۇر. يۇھاناننىڭ بۇ خېتى خۇدانىڭ جامائىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا: (ئا) «مەندە «ھەقىقىي ھايات» بارمۇ-يوقمۇ؟» دېگەن سوئالغا توغرا جاۋاب تاپقۇزىدۇ؛ (ئە) ھەر تۈرلۈك ئالدامچىلىق ۋە ساختا تەلىملەرگە (قانداق تەرەپتىن كېلىشىدىن ۋە نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) يۈزلىنىپ، ئۇلارنى پەرق ئېتىپ بىر تەرەپ قىلىشقا قوراللاندۇرىدۇ.

## مەزمۇن: -

1. ھاياتلىق كالامى (1:1-4)
2. يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق (1:5-29:2)
3. خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى كىم؟ (3-باب)
4. ھەقىقەت ۋە ئالدامچىلىق (1:4-6)
5. بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتەيلى (7:4-21)
6. ئېتىقادىنىڭ غەلىبە قىلىشى (1:5-13)
7. باشقىلارغا دۇئا قىلىش (14:5-21)

# يۇھاننا «1»

## «روسۇل يۇھاننا يازغان بىرىنچى مەكتۇپ»
## ئەيسا مەسىھ ـ ھاياتلىق كالامدۇر

1 [1]ئەزەلدىن بار بولغۇچى، ئۆزىمىز ئاڭلىغان، ئۆز كۆزلىرىمىز
تىكىلىپ قارىغان ۋە قوللىرىمىز بىلەن تۇتۇپ سىلىغان ھاياتلىق
كالامى توغرىسىدا سىلەرگە بايان قىلىمىز [2](بۇ ھاياتلىق بىزگە
ئايان بولۇپ، بىز ئۇنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق
بېرىمىز ھەمدە ئاتا بىلەن بىللە بولۇپ، كېيىن بىزگە ئايان بولغان
شۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنى سىلەرگە بايان قىلىمىز) [3]ـ سىلەرنىمۇ بىز
بىلەن سىرداش-ھەمدەملىكتە بولسۇن دەپ بىز كۆرگەنلىرىمىزنى
ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى سىلەرگە بايان قىلىمىز. بىزنىڭ سىرداش-
ھەمدەملىكىمىز ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھ بىلەندۇر.
[4]سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلار تولۇپ تاشسۇن دەپ، بۇلارنى سىلەرگە
يېزىۋاتىمىز.

---

**1:1** لۇقا 39:24؛ يۇھ. 27:20؛ يۇھ. 1:1، 14؛ 2پېت. 16:1.

2:1 **«شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىمىز ھەمدە ئاتا بىلەن بىللە بولۇپ، كېيىن بىزگە ئايان بولغان شۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنى سىلەرگە بايان قىلىمىز»** ــ «ئاتا» مۇشۇ يەردە خۇدائاتىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئوقۇرمەنلەر بۇ خەتتە «ئاتا» ۋە «ئوغۇل» دېگەن سۆزلەرنى كۆرسە، خۇدائاتا ۋە خۇدانىڭ ئوغلى، يەنى ئۇنىڭ كالامى ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.

3:1 **«سىلەرنىمۇ بىز بىلەن سىرداش-ھەمدەملىكتە بولسۇن دەپ بىز كۆرگەنلىرىمىزنى ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى سىلەرگە بايان قىلىمىز. بىزنىڭ سىرداش-ھەمدەملىكىمىز ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھ بىلەندۇر»** ــ «سىرداش-ھەمدەملىك» دېگەنلىك ئىنجىلدا بۇ ئالاھىدە مەنىدە بولۇپ، گرېك تىلىدا «ئورتاقلىق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆز ھەم خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىنى، ھەم ئېتىقادچىلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى، شۇنداقلا خۇدانىڭ شاپائىتىدىن ئورتاق نېسىۋە بولۇشنى بىلدۈرىدۇ.

4:1 **«سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلار تولۇپ تاشسۇن دەپ...»** ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز تولۇپ تاشسۇن دەپ... » دېيىلىدۇ.

## خۇدانىڭ يورۇقلۇقىدا پاك ياشاش

5 ۋە بىز ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ھەم سىلەرگە بايان قىلىدىغان خەۋىرىمىز
مانا شۇدۇركى، خۇدا نۇردۇر ۋە ئۇنىڭدا ھېچقانداق قاراڭغۇلۇق بول
مايدۇ. 6 ئەگەر بىز ئۇنىڭ بىلەن سىرداش-ھەمدەملىكىمىز بار دەپ
تۇرۇپ، يەنىلا قاراڭغۇلۇقتا يۈرسەك، يالغان ئېيتقان ۋە ھەقىقەتكە
ئەمەل قىلمىغان بولىمىز. 7 لېكىن ئۇ ئۆزى نۇردا بولغىنىدەك بىزمۇ
نۇردا ماڭساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ بىر-بىرىمىز بىلەن سىرداش-
ھەمدەملىكىمىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھنىڭ قېنى
بىزنى بارلىق گۇناھتىن پاكلايدۇ. 8 ئەگەر گۇناھىمىز يوق دېسەك،
ئۆز ئۆزىمىزنى ئالدىغان بولىمىز ھەمدە بىزدە ھەقىقەت تۇرمايدۇ.
9 گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلساق، ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى
كەچۈرۈم قىلىپ، بىزنى بارلىق ھەققانىيسىزلىقتىن پاك قىلىشقا

---

**5:1** يۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 5:9؛ 35:12، 36.

6:1 **«ئەگەر بىز ئۇنىڭ بىلەن سىرداش-ھەمدەملىكىمىز بار دەپ تۇرۇپ، يەنىلا قاراڭغۇلۇقتا يۈرسەك، يالغان ئېيتقان ۋە ھەقىقەتكە ئەمەل قىلمىغان بولىمىز»** — «ھەقىقەتكە ئەمەل قىلمىغان بولىمىز» گرېك تىلىدا «ھەقىقەتنى قىلمايمىز» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

7:1 **«لېكىن ئۇ ئۆزى نۇردا بولغىنىدەك بىزمۇ نۇردا ماڭساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ بىر-بىرىمىز بىلەن سىرداش-ھەمدەملىكىمىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھنىڭ قېنى بىزنى بارلىق گۇناھتىن پاكلايدۇ»** — «ئۇ ئۆزى» مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، خۇدانى كۆرسىتىدۇ.

**7:1** ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 19:1؛ ۋەھ. 5:1.

**8:1** 1پاد. 46:8؛ 2تار. 36:6؛ ئايۇپ 2:9؛ زەب. 2:143؛ پەند. 9:20؛ توپ. 20:7.

ئىشەنچلىك ھەم ئادىلدۇر. [10] ئەگەر گۇناھ قىلمىدۇق دېسەك، ئۇنى
يالغانچى قىلىپ قويغان بولىمىز ۋە ئۇنىڭ سۆز-كالامى بىزدىن ئورۇن
ئالمىغان بولىدۇ.

## ئەيسا مەسىھ - خۇداغا بولغان ۋەكىلىمىزدۇر

2 [1] ئى ئەزىز بالىلىرىم، مەن سىلەرنى گۇناھ سادىر قىلمىسۇن
دەپ، بۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتىمەن. مۇبادا بىرسى گۇناھ سادىر
قىلسا، ئاتىنىڭ يېنىدا بىر ياردەمچى ۋەكىلىمىز، يەنى ھەققانىي
بولغۇچى ئەيسا مەسىھ باردۇر. [2] ئۇ ئۆزى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن جازانى
كۆتۈرگۈچى كەفارەتتۇر؛ مۇشۇ كەفارەت پەقەت بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز
ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيادىكىلەرنىڭ گۇناھلىرى

---

9:1 «**گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلساق، ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىزنى بارلىق ھەققانىيسىزلىقتىن پاك قىلىشقا ئىشەنچلىك ھەم ئادىلدۇر**» — نېمىشقا روسۇل «ئۇ (خۇدا) ... ئىشەنچلىك ھەم ئادىلدۇر» دەيدۇ؟

—(1) خۇدا «مۇقەددەس بەندىلىرىنى ئېتىقادى تۈپەيلىدىن كەچۈرۈم قىلدىم» دېسە، ئۇ سۆزىدە چىڭ تۇرىدۇ ۋە ئىشەنچلىكتۇر؛

—(2) خۇدا ئادىل سوتچى بولۇپ، گۇناھنى جازالىماي قويمايدۇ. شۇڭا بىزنى كەچۈرۈش ئۈچۈن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان قۇربانلىقىمىز گۇناھسىز ئەيسا مەسىھكە قويغان؛ ئۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئۆلدى. شۇڭا يوھاننا ««خۇدا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈشكە... ئىشەنچلىك ھەم ئادىلدۇر» دەيدۇ. خۇدا گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈشى بىلەن ئىش توختىمايدۇ، ئەلۋەتتە؛ ئۇ يەنە بىزنى «بارلىق ھەققانىيسىزلىقتىن پاك قىلىدۇ».

**9:1** زەب. 32:5؛ پەند. 28:13.

1:2 «**ئى ئەزىز بالىلىرىم،...**» — «ئەزىز بالىلىرىم» گرېك تىلىدا «كىچىك بالىلىرىم». «**مۇبادا بىرسى گۇناھ سادىر قىلسا، ئاتىنىڭ يېنىدا بىر ياردەمچى ۋەكىلىمىز، يەنى ھەققانىي بولغۇچى ئەيسا مەسىھ باردۇر**» — «ياردەمچى ۋەكىل» گرېك تىلىدا «پاراكلېتوس» دېيىلىدۇ، بۇ سۆز «يۇھ.» 14:16، 26، 15:26، 16:7دە «ياردەمچى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. «پاراكلېتوس» شۇ يەرلەردە مۇقەددەس روھنى كۆرسىتىدۇ. شۇ يەرلەردىكى بۇ سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى توغرۇلۇق ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ.

**1:2** 1تىم. 2:5؛ ئىبر. 7:25.

**ئۈچۈندۇر.**
**[3] بىزنىڭ ئۇنى تونۇغانلىقىمىزنى بىلەلىشىمىز ــ ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە**
**ئەمەل قىلىشىمىزدىندۇر. [4] «ئۇنى تونۇيمەن» دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ**
**ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلمىغۇچى كىشى يالغانچىدۇر، ئۇنىڭدا**
**ھەقىقەت يوقتۇر. [5] لېكىن كىمكى ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلسا،**
**ئەمدى ئۇنىڭدا خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ھەقىقەتەن كامالەتكە**
**يەتكەن بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇنىڭدا بولغانلىقىمىزنى ئەنە**
**شۇنىڭدىن بىلىمىز. [6] «خۇدادا تۇرۇپ ياشايمەن» دېگۈچى بولسا**
**ئەيسانىڭ ماڭغىنىدەك ئوخشاش مېڭىشى كېرەك.**

---

2:2 **«ئۇ ئۆزى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن جازانى كۆتۈرگۈچى كەفارەتتۇر؛ مۇشۇ كەفارەت پەقەت بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيادىكىلەرنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈندۇر»** ــ «جازانى كۆتۈرگۈچى كەفارەت» ــ 18:4 «رىم.» 25:3، «ئىبر.» 5:9دە مۇشۇنىڭغا يېقىن بىر سۆز تېپىلىدۇ. تەۋراتتا بۇ سۆز (ئىبرانيي تىلىدا) «كەفارەت تەختى» ياكى «رەھىم تەختى» («مىس.» 17:25) ھەم بەزىدە «گۇناھ تىلەش قۇربانلىقى» ياكى «گۇناھنى ياپقۇچى قۇربانلىق» دېگەن مەنىدە كۆرۈلىدۇ. ئىنجىلدا ئۇنىڭ ئاساسيي ئۇقۇمى خۇدانىڭ غەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ۋە شۇنداقلا گۇناھلاردىن پاك قىلىشتۇر.

**2:2** يـۇھ. 42:4؛ رىم. 25:3؛ 2كور. 18:5؛ كول. 20:1؛ 1يۇھ. 10:4، 14.

**4:2** 1يۇھ. 20:4.

5:2 **«لېكىن كىمكى ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلسا، ئەمدى ئۇنىڭدا خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ»** ــ ئىنجىل بويىچە ئىنسانلار بىر-بىرىمىزنى سۆيۈش ئۈچۈن ۋە خۇدانىڭ ئۆزىنى سۆيۈش ئۈچۈن قەلبىمىزگە «خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى» مۇقەددەس روھ ئارقىلىق تۆكۈلۈشى كېرەك («رىم.» 5:5) ئاندىن بىزنىڭ خۇداغا ۋە ئىنسانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن بولىدۇ. شۇڭا «خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى» خۇدادىن كەلگەن ھەم بىزدىن خۇداغا ھەم ئىنسانلارغا قارىتىلغان مۇھەببىتىمىزنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. **«بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇنىڭدا بولغانلىقىمىزنى ئەنە شۇنىڭدىن بىلىمىز»** ــ «ئۇنىڭدا بولغانلىقىمىز»: ــ دېمەك، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولغانلىقتۇر. «رىملىقلارغا»دىكى كىرىش سۆزىمىزدىكى «مەسىھدە» «خۇدادا» ۋە «روھتا» توغرۇلۇق بايانلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**5:2** يـۇھ. 35:13.

6:2 **««خۇدادا تۇرۇپ ياشايمەن» دېگۈچى بولسا...»** ــ «خۇدادا» گرېك تىلىدا «ئۇنىڭدا». **«ئەيسانىڭ ماڭغىنىدەك ئوخشاش مېڭىشى كېرەك»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ ماڭغىنىدەك ئوخشاش مېڭىشى كېرەك».

**6:2** يـۇھ. 15:13؛ 1پېت. 21:2.

## قېرىنداشلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىش نۇرنىڭ بەلگىسى

[7]ئى سۆيۈملۈكلىرىم، سىلەرگە بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى بىر
ئەمرنى ئەمەس، بەلكى دەسلەپتىن تارتىپ سىلەر تاپشۇرۇۋالغان
كونا ئەمرنى يېزىۋاتىمەن. ئۇشبۇ ئەمر سىلەر بۇرۇندىنلا ئاڭلاپ
كېلىۋاتقان سۆز-كالامدۇر. [8]لېكىن يەنە كېلىپ مەن سىلەرگە
يېزىۋاتقىنىمنى يېڭى ئەمر دېيىشكىمۇ بولىدۇ؛ بۇ ئەمر مەسىھدە ھەم
سىلەردىمۇ ئەمەل قىلىنماقتا، چۈنكى قاراڭغۇلۇق ئۆتۈپ كەتمەكتە،
ۋە ھەقىقىي نۇر ئاللىقاچان چېچىلىشقا باشلىدى. [9]كىمدەكىم
ئۆزىنى «نۇردا ياشاۋاتىمەن» دەپ تۇرۇپ، قېرىندىشىنى ئۆچ كۆرسە، ئۇ
بۈگۈنگىچە قاراڭغۇلۇقتا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. [10]قېرىندىشىغا مېھىر-
مۇھەببەت كۆرسەتكەن كىشى يورۇقلۇقتا تۇرماقتا، ئۇنىڭدا گۇناھقا
پۇتلاشتۇرىدىغان ھېچنېمە قالمايدۇ. [11]لېكىن قېرىندىشىنى ئۆچ
كۆرگەن كىشى قاراڭغۇلۇقتىدۇر؛ ئۇ قاراڭغۇلۇقتا ماڭىدۇ ۋە قەيەرگە
كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ كۆزلىرىنى
قارىغۇ قىلىۋەتكەن.
[12]مەن بۇلارنى سىلەرگە يېزىۋاتىمەن، ئى ئەزىز باللىرىم، چۈنكى

---

7:2 **«ئى سۆيۈملۈكلىرىم، سىلەرگە بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى بىر ئەمرنى ئەمەس، بەلكى دەسلەپتىن تارتىپ سىلەر تاپشۇرۇۋالغان كونا ئەمرنى يېزىۋاتىمەن. ئۇشبۇ ئەمر سىلەر بۇرۇندىنلا ئاڭلاپ كېلىۋاتقان سۆز-كالامدۇر»** — يۇھاننا كۆرسەتكەن ئەمر، شۈبھىسىزكى، «بىر-بىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەتنى كۆرسىتىڭلار». 3:11، 4:21، «يۇھ.» 13:34، 15:12نى كۆرۈڭ.

**7:2** 2يۇھ. 5.

8:2 **«لېكىن يەنە كېلىپ مەن سىلەرگە يېزىۋاتقىنىمنى يېڭى ئەمر دېيىشكىمۇ بولىدۇ؛ بۇ ئەمر مەسىھدە ھەم سىلەردىمۇ ئەمەل قىلىنماقتا، چۈنكى قاراڭغۇلۇق ئۆتۈپ كەتمەكتە، ۋە ھەقىقىي نۇر ئاللىقاچان چېچىلىشقا باشلىدى»** — بۇ سىرلىق ئەمما بەك مۇھىم 7-8-ئايەتلەر توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز. بىزنىڭچە ئاساسىي مەنىسى شۇكى، «روھىي ھايات» كەلگەندىن كېيىن ئىنسانلاردا «بىر-بىرىڭلارغا مۇھەببەت كۆرسىتىش» ھەقىقەتەن مۇمكىن بولىدۇ، شۇڭا بۇ ئەمرمۇ «يېڭى» بولىدۇ.

**8:2** يۇھ. 13:34؛ 15:12.

**10:2** يۇھ. 12:35؛ 1يۇھ. 3:14.

گۇناھلىرىڭلار ئۇنىڭ نامى ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىندى.
13 مەن بۇنى سىلەرگە يېزىۋاتىمەن، ئى ئاتىلار، چۈنكى سىلەر ئەزەلدىن
بار بولغۇچىنى تونۇدۇڭلار.
مەن بۇنى سىلەرگە يېزىۋاتىمەن، ئى يىگىتلەر، چۈنكى سىلەر ئۇ
رەزىل ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىڭلار.
14 مەن بۇنى سىلەرگە يېزىۋاتىمەن، ئى ئەزىز باللىرىم، چۈنكى سىلەر
ئاتىنى تونۇدۇڭلار.
مەن بۇنى سىلەرگە يېزىۋاتىمەن، ئى ئاتىلار، چۈنكى سىلەر ئەزەلدىن
بار بولغۇچىنى تونۇدۇڭلار.
مەن بۇنى سىلەرگە يېزىۋاتىمەن، ئى يىگىتلەر، چۈنكى سىلەر
كۈچلۈكسىلەر، خۇدانىڭ سۆز-كالامى سىلەردە تۇرىدۇ ۋە سىلەر ئۇ
رەزىل ئۈستىدىنمۇ غەلىبە قىلدىڭلار.

15 بۇ دۇنيانى ۋە بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى سۆيمەڭلار. ھەركىم بۇ دۇنيانى
سۆيسە، ئاتىنىڭ سۆيگۈسى ئۇنىڭدا يوقتۇر. 16 چۈنكى بۇ دۇنيادىكى
بارلىق ئىشلار، يەنى ئەتتىكى ھەۋەس، كۆزلەردىكى ھەۋەس ۋە ھاياتتىغا
بولغان مەغرۇرلۇقنىڭ ھەممىسى ئاتىدىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى بۇ
دۇنيادىن بولغاندۇر، خالاس؛ 17 ۋە بۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەۋەسلەرنىڭ

12:2 **«ئى ئەزىز باللىرىم»** ــ گرېك تىلىدا «ئى كىچىك باللىرىم». **«مەن بۇلارنى سىلەرگە يېزىۋاتىمەن، ئى ئەزىز باللىرىم، چۈنكى گۇناھلىرىڭلار ئۇنىڭ نامى ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىندى»** ــ «ئۇنىڭ نامى» دېگەنلىك ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدۇر. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «ئەيسا» دېگەن نام «پەرۋەردىگارنىڭ نىجاتى» دېگەن مەنىدە.

**12:2** لۇقا 47:24؛ روس. 12:4؛ 38:13.

13:2 **«مەن بۇنى سىلەرگە يېزىۋاتىمەن، ئى يىگىتلەر، چۈنكى سىلەر ئۇ رەزىل ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىڭلار»** ــ «ئۇ رەزىل» شەيتاننى كۆرسىتىدۇ.

15:2 **«ھەركىم بۇ دۇنيانى سۆيسە، ئاتىنىڭ سۆيگۈسى ئۇنىڭدا يوقتۇر»** ــ ئاتىنىڭ سۆيگۈسى» خۇدادىن كەلگەن مۇھەببەت، دېمەك. 5:2 ۋە ئۇنىڭدىكى «خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى» توغرۇلۇق ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**15:2** گال. 10:1؛ ياق. 4:4.

16:2 **«چۈنكى بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئىشلار، يەنى ئەتتىكى ھەۋەس...»** ــ «ئەتتىكى

ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلغۇچى كىشى مەڭگۈ ياشايدۇ.

## دەججال ـ ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى

[18] ئەزىز باللىرىم، زامانىنىڭ ئاخىرقى سائىتى يېتىپ كەلدى؛ ۋە سىلەر
دەججالنىڭ ئاخىر زاماندا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىڭلاردەك،
ئەمەلىيەتتە بولسا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا نۇرغۇن دەججاللار مەيدانغا
چىقتى؛ بۇنىڭدىن زامانىنىڭ ئاخىرقى سائىتى بولۇپ قالغانلىقى
بىزگە مەلۇم. [19] ئۇلار ئارىمىزدىن چىقتى، لېكىن ئۇلار ئەسلىدە
بىزلەردىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئەگەر بىزلەردىن بولغان بولسا،
ئارىمىزدا تۇرىۋەرگەن بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ
ئەسلىدە بىزدىكىلەردىن بولمىغانلىقى پاش قىلىنغانلىقى ئۈچۈن

---

ھەۋەس»: ئىنجىلدا «ئەت» ياكى «ئەتلەر» كۆپ ۋاقىتلاردا ئىنسانلاردىكى گۇناھنىڭ تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ. «رىملىقلارغا»دىكى كىرىش سۆزنىڭ ئىنسانلاردىكى «ئەت» ۋە «ئەتلەر» توغرۇلۇق بايانلارنى كۆرۈڭ. **«چۈنكى بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئىشلار، يەنى ئەتتىكى ھەۋەس، كۆزلەردىكى ھەۋەس ۋە ھاياتىغا بولغان مەغرۇرلۇقنىڭ ھەممىسى ئاتىدىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيادىن بولغاندۇر، خالاس»** ـــ ئوقۇرمەنلەر دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ بۇ ئۈچ ئاملىنىڭ (1) شەيتاننىڭ ھاۋائانىمىزنىڭ ئالدىغا قويغان ئۈچ خىل ئېزىتقۇ ئاملىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى («يار.» 6:3)؛ (2) شەيتاننىڭ چۆل باياۋاندا ئەيسا مەسىھنى سىنىغاندىكى ئۈچ خىل ۋەسۋەسىسىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىيالايدۇ («مات.» 4:1-11، «لۇقا» 4:1-13نى كۆرۈڭ).

**17:2** زەب. 90:9-10؛ يەش. 40:6؛ 1كور. 7:31؛ ياق. 1:10؛ 4:14؛ 1پېت. 1:24.

18:2 **«ئەزىز باللىرىم، زامانىنىڭ ئاخىرقى سائىتى يېتىپ كەلدى؛ ۋە سىلەر دەججالنىڭ ئاخىر زاماندا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىڭلاردەك، ئەمەلىيەتتە بولسا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا نۇرغۇن دەججاللار مەيدانغا چىقتى؛ بۇنىڭدىن زامانىنىڭ ئاخىرقى سائىتى بولۇپ قالغانلىقى بىزگە مەلۇم»** ـــ «دەججال» گرېك تىلىدا «ئانتىخرىستوس». دەججال توغرۇلۇق «دان.» 9-بابتىكى ئىزاھاتلارنى، «مات.» 24-باب ۋە ئىزاھاتلىرىنى ۋە «2تېس.» 2-باب ۋە ئىزاھاتلارنى، «ۋەھىي» 13-باب ۋە «قوشۇمچە سۆز»نى (دەججال توغرۇلۇق) كۆرۈڭ. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «نۇرغۇن دەججاللار» مەسىھ ۋە ئۇنىڭ تەلىمىگە قارشى چىققانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ (19- ۋە 22-ئايەتنى كۆرۈڭ).

**18:2** مات. 24:5؛ 2تېس. 2:3.

**ئۇلار ئارىمىزدىن چىقىپ كەتتى.**
**20 ھالبۇكى، سىلەر بولساڭلار مۇقەددەس بولغۇچىدىن كەلگەن**
**مەسىھلىگۈچى روھتىن نېسىپ بولدۇڭلار ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر**
**ھەممە ئىشنى بىلىسىلەر. 21 سىلەرگە بۇ خەتنى يېزىشىمدىكى**
**سەۋەب، سىلەرنىڭ ھەقىقەتنى بىلمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئەمەس،**
**بەلكى ھەقىقەتنى بىلىپ، يالغانچىلىقنىڭ ھەقىقەتتىن كېلىپ**
**چىقمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. 22 ئەمىسە، كىم**

---

19:2 **«ئۇلار ئارىمىزدىن چىقتى، لېكىن ئۇلار ئەسلىدە بىزلەردىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئەگەر بىزلەردىن بولغان بولسا، ئارىمىزدا تۇرىۋەرگەن بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئەسلىدە بىزدىكىلەردىن بولمىغانلىقى پاش قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئارىمىزدىن چىقىپ كەتتى»** — «... ئەسلىدە بىزدىكىلەردىن بولمىغانلىقى پاش قىلىنغانلىقى ئۈچۈن» — دېمەك، خۇدا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئىش؛ شۈبھىسىزكى، مۇشۇ «دەججاللار» قېرىنداشلارنىڭ كىچىك پېئىللىقىغا، شۇنداقلا مەغرۇرلۇققا بولغان ئۆچمەنلىكىگە چىدىمىغان بولۇپ، شۇ چاغدا خۇدا ئۇلارنى جامائەتكە پاش قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز مەغرۇر تەبىئىيتىنىڭ كەينىگە كىرىشكە قوزغىغان؛ شۇنىڭ بىلەن «ئۇلار ئارىمىزدىن چىقىپ كەتتى».

**19:2** زەب. 9:41؛ روس. 30:20؛ 1كور. 19:11.

20:2 **«مۇقەددەس بولغۇچى»** — ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. **«مۇقەددەس بولغۇچىدىن كەلگەن مەسىھلىگۈچى روھتىن نېسىپ بولدۇڭلار»** — «مەسىھلىگۈچى روھ» دېگەن بۇ سۆز مۇشۇ يەردە مۇقەددەس روھنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇ سۆز ئەسلىدە تەۋرات دەۋرىدە پادىشاھلارنى، كاھىنلارنى ۋە بەزىدە پەيغەمبەرلەرنى ئۆز مەنسىپىگە بېكىتىش ۋە تەستىقلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىغا قۇيۇلغان «مۇقەددەس ماي»نى كۆرسىتەتتى («مەسىھلىگۈچى ماي»)؛ بۇ ئىش تەۋراتتا «مەسىھ قىلىش» ياكى «مەسىھلەش» دەپ ئاتىلاتتى. ئىنجىل دەۋرىدە ناسارەتلىك ئەيسا ماي بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھ بىلەن «مەسىھ قىلىنغان» («مات.» 16:3، «لۇقا» 22:3، 18:4، «روس.» 38:10نى كۆرۈڭ).

—ھازىر مەسىھ ئەسلىدە ئۆزىنى «مەسىھ قىلغۇچى روھ»نى، يەنى خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ئاتا قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئىنجىل دەۋرىدە تەۋراتتىكى «مەسىھلەش مېيى»نىڭ ئادەمنىڭ بېشىغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئورنىغا، «مەسىھلىگۈچى روھ»، يەنى مۇقەددەس روھ ئادەمنىڭ روھ-قەلبىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ شۇ يەردە ماكان تۇتىدۇ. **«مەسىھلىگۈچى روھتىن نېسىپ بولدۇڭلار ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ھەممە ئىشنى بىلىسىلەر»** — «سىلەر ھەممە ئىشنى بىلىسىلەر» ياكى «سىلەر ھەممە ئادەمنى بىلىسىلەر» ياكى «ھەممىڭلار ھەقىقەتنى بىلىسىلەر».

**20:2** زەب. 7:45؛ 2:133؛ 2كور. 21:1؛ ئىبر. 9:1.

**يالغانچى؟ ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇچى كىشى
بولسا، ئۇ يالغانچىدۇر. ئاتا ۋە ئوغۇلنى ئىنكار قىلغۇچى كىشى
ئۆزى بىر دەججالدۇر. [23]كىمدەكىم ئوغۇلنى رەت قىلسا ئۇنىڭدا ئاتا
بولمايدۇ. لېكىن ئوغۇلنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنىڭدا ئاتا بولىدۇ.
[24]سىلەر بولساڭلار، بۇرۇندىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقىنىڭلارنى ئۆزۈڭلاردا
داۋاملىق تۇرغۇزۇۋېرىڭلار. بۇرۇندىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقىنىڭلار سىلەردە
داۋاملىق تۇرىۋەرسە، سىلەرمۇ داۋاملىق ئوغۇل ۋە ئاتىدا ياشاۋاتقان
بولىسىلەر؛ [25]ۋە ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ۋەدىسى بولسا دەل شۇ ـ مەڭگۈ
ھاياتلىقتۇر.
[26]سىلەرنى ئازدۇرماقچى بولغانلارنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇلارنى سىلەرگە
يازدىم؛ [27]سىلەر بولساڭلار، سىلەر ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلغان
مەسىھلىگۈچى روھ سىلەردە تۇرۇۋېرىدۇ، سىلەر ھېچكىمنىڭ
ئۆگىتىشىگە موھتاج ئەمەسسىلەر؛ بەلكى ئەنە شۇ مەسىھلىگۈچى
روھ سىلەرگە بارلىق ئىشلار توغرۇلۇق ئۆگىتىۋاتقاندەك (ئۇ ھەقتۇر،
ھېچ يالغان ئەمەستۇر!) ـ ھەم ئۆگەتكەندەك، سىلەر داۋاملىق
ئۇنىڭدا ياشايدىغان بولىسىلەر.**

---

23:2 **«كىمدەكىم ئوغۇلنى رەت قىلسا ئۇنىڭدا ئاتا بولمايدۇ. لېكىن ئوغۇلنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنىڭدا ئاتا بولىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا «كىمدەكىم ئوغۇلنى رەت قىلسا، ئۇ ئاتىغا ئىگە بولمايدۇ؛ لېكىن ئوغۇلنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇ ئاتىغىمۇ ئىگە بولىدۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**23:2** لۇقا 9:12؛ 2تىم. 12:2.

25:2 **«ۋە ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ۋەدىسى بولسا دەل شۇ ــ مەڭگۈ ھاياتلىقتۇر»** ــ «ئۇنىڭ قىلغان ۋەدىسى بولسا» ــ خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ۋەدىسى ياكى ئەيسانىڭ ۋەدىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ بىزنىڭچە «ئۇ» 20-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «مۇقەددەس بولغۇچى»نى، يەنى ئەيسانى كۆرسەتسە كېرەك.

27:2 **«سىلەر بولساڭلار، سىلەر ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلغان مەسىھلىگۈچى روھ سىلەردە تۇرۇۋېرىدۇ»** ــ «ئۇنىڭدىن» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ ئۆزىنى ياكى ئەيسانى كۆرسىتىدۇ؛ بىزنىڭچە «ئۇ» يەنە 20-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «مۇقەددەس بولغۇچى»نى، يەنى ئەيسانى كۆرسەتسە كېرەك. **«مەسىھلىگۈچى روھ»** ــ 20-ئايەت ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**27:2** يەر. 34:31؛ ئىبر. 11:8.

28 ئەمسە، ئى ئەزىز باللىرىم، داۋاملىق ئۇنىڭدا تۇرۇپ ياشاۋېرىڭلار.
شۇنداق قىلساڭلار، ئۇ ھەرقاچان قايتىدىن ئايان بولغاندا قورقماس
بولىمىز ھەم ئۇ كەلگىنىدە ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ خىجالەت بولۇپ قا
لمايمىز. 29 خۇدانىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى بىلگەنىكەنسىلەر،
ھەققانىيلىقنى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىدىن
تۇغۇلغۇچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلسەڭلار كېرەك.

## بىز خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى

3 1 قاراڭلار، ئاتا بىزگە شۇنداق چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسەتكەنكى، بىز «خۇدانىڭ ئەزىز باللىرى» دەپ ئاتالدۇق
— ۋە بىز ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. بۇ دۇنيا شۇ سەۋەبتىن بىزنى تونۇپ
يەتمەيدۇكى، چۈنكى بۇ دۇنيا ئۇنى تونۇمىدى. 2 سۆيۈملۈكلىرىم،
بىز ھازىر خۇدانىڭ ئەزىز باللىرىدۇرمىز؛ كەلگۈسىدە قانداق
بولىدىغانلىقىمىز تېخى ئوچۇق ئايان قىلىنمىغان. بىراق ئۇ قايتىدىن
ئايان قىلىنغاندا، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز؛

28:2 **«ئۇ ھەرقاچان قايتىدىن ئايان بولغاندا قورقماس بولىمىز ھەم ئۇ كەلگىنىدە ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ خىجالەت بولۇپ قالمايمىز»** — «قورقماس» ياكى «يۈرەكلىك».

**28:2** مار. 8:38؛ 1يۇھ. 2:3.

29:2 **«خۇدانىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى بىلگەنىكەنسىلەر»** — گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى بىلگەنىكەنسىلەر». مۇشۇ ئايەتتە خۇدانى كۆرسىتىشى كېرەك، چۈنكى ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمىدا «ئۇنىڭدىن (خۇدادىن) تۇغۇلۇش» تىلغا ئېلىنىدۇ. **«ھەققانىيلىقنى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىدىن تۇغۇلغۇچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلسەڭلار كېرەك»** — «ئۇنىڭ تەرىپىدىن تۇغۇلغۇچى»: — دېمەك، خۇدانىڭ پەرزەنتى، «قايتىدىن، يۇقىرىدىن تۇغۇلغان» كىشىنى كۆرسىتىدۇ. «يۇھ.» 3:1-21نى كۆرۈڭ.

1:3 **«بۇ دۇنيا شۇ سەۋەبتىن بىزنى تونۇپ يەتمەيدۇكى، چۈنكى بۇ دۇنيا ئۇنى تونۇمىدى»** — «ئۇنى» ئەيسا مەسىھ ياكى خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە مەسىھنى كۆرسىتىدۇ («يۇھ.» 10:1نى كۆرۈڭ).

**1:3** يۇھ. 12:1.

**چۈنكى شۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ ئەينەن ئۆزىنى كۆرىمىز. 3 ۋە مەسىھكە
ئۈمىد باغلىغان ھەربىر كىشى ئۇ پاك بولغاندەك ئۆزىنى پاكلىماقتا.
4 گۇناھ سادىر قىلغان كىشى خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان
بولىدۇ. چۈنكى گۇناھ سادىر قىلغانلىق خۇدانىڭ قانۇنىغا
خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. 5 ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى گۇناھلارنى ئېلىپ
تاشلاش ئۈچۈن دۇنياغا كېلىپ ئايان قىلىنغان ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭدا
ھېچقانداق گۇناھ يوقتۇر، دەپ بىلىسىلەر. 6 ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان
ھەربىر كىشى گۇناھ سادىر قىلمايدۇ؛ كىمدەكىم گۇناھ سادىر**

2:3 **«بىراق ئۇ قايتىدىن ئايان قىلىنغاندا، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز؛ چۈنكى شۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ ئەينەن ئۆزىنى كۆرىمىز»** — «ئۇ» — ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ. **«ئۇ قايتىدىن ئايان قىلىنغاندا»** — مۇشۇ ئايەتتىكى «ئۇ» بىزنىڭچە ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار ئايەتنى باشقىچە چۈشىنىپ: — «ئۇ» (دېمەك، بىزنىڭ كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىمىز») ئايان قىلىنغاندا...» دەپ قارايدۇ. لېكىن بىزنىڭچە روسۇل يۇھاننا مەسىھنى ئۇلۇغلاشتىكى ھەربىر پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىدۇ، مۇشۇ يەردىمۇ شۇنداق قىلغان بولۇپ، ئۇ يەنىلا مەسىھنى كۆرسەتكەن.

**2:3** يەش. 5:56؛ مات. 12:5؛ يـۇھ. 12:1؛ رىم. 15:8، 18؛ 2كور. 17:4؛ گال. 26:3؛ 6:4؛ فىل. 21:3؛ كول. 4:3.

3:3 **«ۋە مەسىھكە ئۈمىد باغلىغان ھەربىر كىشى ئۇ پاك بولغاندەك ئۆزىنى پاكلىماقتا»** — «مەسىھكە» گرېك تىلىدا «ئۇنىڭغا». **«...ئۇ پاك بولغاندەك ئۆزىنى پاكلىماقتا»** — «ئۇ» مۇشۇ يەردە بەلكىم مەسىھنى كۆرسىتىدۇ؛ يۇقىرىقى 2-ئايەت ۋە ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

4:3 **«گۇناھ سادىر قىلغان كىشى خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى گۇناھ سادىر قىلغانلىق خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر»** — «خۇدانىڭ قانۇنى» گرېك تىلىدا پەقەت «قانۇن» دەپ ئېيتىلىدۇ. لېكىن كۆزدە تۇتۇلغىنى مەلۇم بىر ئىنسانىي قانۇن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ قانۇنىدۇر. يۇھاننانىڭ مۇشۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى بەلكىم مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بولۇپلا قالماي، يەنە بەلكىم ھەربىر كىشىنىڭ ۋىجدانىدا (ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن) نامايان قىلىنغان خۇدانىڭ قانۇنىنى كۆرسەتسە كېرەك («رىم.» 2:13-15نىمۇ كۆرۈڭ).
—بۇ ئايەت بولسا 2:29دىكى سۆزلەرنىڭ داۋامىدۇر.

**4:3** 1يۇھ. 17:5.

5:3 **«ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى گۇناھلارنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن دۇنياغا كېلىپ ئايان قىلىنغان»** — «ئۇنى» مەسىھنى كۆرسىتىدۇ.
—ئۇشبۇ ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك «يۇھ.» 1:29نى كۆرۈڭ.

**5:3** يەش. 12:53، 9؛ 2كور. 21:5؛ 1پېت. 22:2؛ 1تىم. 15:1.

**قىلسا، ئۇنى كۆرمىگەن ۋە ئۇنى تونۇمىغان بولىدۇ.**
**7 ئەزىز بالىلىرىم، ھېچكىمنىڭ سىلەرنى ئالدىشىغا يول قويماڭلار.**
**ھەققانىيلىقنى ئەمەل قىلغۇچى كىشى ئۇ ھەققانىي بولغىنىدەك**
**ھەققانىيدۇر. 8 لېكىن گۇناھ سادىر قىلغۇچى ئىبلىستىندۇر.**
**چۈنكى ئىبلىس ئەلمىساقتىن تارتىپ گۇناھ سادىر قىلىپ كەلمەكتە.**
**خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ دۇنيادا ئايان قىلىنىشىدىكى مەقسەت**
**ئىبلىسنىڭ ئەمەللىرىنى يوقىتىشتۇر. 9 خۇدادىن تۇغۇلغۇچى گۇناھ**
**سادىر قىلمايدۇ؛ خۇدانىڭ ئۇرۇقى ئۇنىڭدا ئورۇن ئالغاچقا، ئۇ گۇناھ**
**سادىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ خۇدادىن تۇغۇلغاندۇر.**
**10 خۇدانىڭ بالىلىرى بىلەن ئىبلىسنىڭ بالىلىرى شۇنىڭ بىلەن**
**پەرقلىنىدۇكى، كىمدەكىم ھەققانىيلىقنى ئەمەل قىلمىسا ۋە ياكى**
**ئۆز قېرىندىشىغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتمىسە خۇدادىن ئەمەستۇر.**
**11 چۈنكى سىلەر دەسلەپتىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان خەۋەر مانا دەل**
**شۇكى، بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشىمىز كېرەكتۇر.**

---

6:3 **«ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ھەربىر كىشى گۇناھ سادىر قىلمايدۇ؛ كىمدەكىم گۇناھ سادىر قىلسا، ئۇنى كۆرمىگەن ۋە ئۇنى تونۇمىغان بولىدۇ»** ــ «گۇناھ سادىر قىلسا،...» دېگەنلىك شۈبھىسىزكى، ئادەمنىڭ ئادەتتىكى يۈرۈش-تۇرۇشىنى، گۇناھ ئىلكىدىن چىقماي تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 9:3 ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

7:3 **«ھەققانىيلىقنى ئەمەل قىلغان كىشى ئۇ ھەققانىي بولغىنىدەك ھەققانىيدۇر»** ــ «ئۇ» بىرىنچىسى مۇشۇ يەردە يەنە مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى 5-6-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**7:3** 1يۇھ. 29:2.

9:3 **«خۇدادىن تۇغۇلغۇچى گۇناھ سادىر قىلمايدۇ؛ خۇدانىڭ ئۇرۇقى ئۇنىڭدا ئورۇن ئالغاچقا، ئۇ گۇناھ سادىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ خۇدادىن تۇغۇلغاندۇر»** ــ «خۇدانىڭ ئۇرۇقى (ياكى «نەسلى») ئۇنىڭدىن ئورۇن ئالغاچقا...» دېگەنلىكتە «خۇدانىڭ ئۇرۇقى» مەسىھنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ سۆز-كالامىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مەسىھ ئەيسانىڭ تەبىئىيتىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «مات.» 13:1-23، «يۇھ.» 12:24، «رىم.» 4:15-17نى، 9:7-8 ۋە «گال.» 3:16نى كۆرۈڭ.
—بۇ ئايەت توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**9:3** 1پېت. 1:23؛ 1يۇھ. 5:18.

**11:3** يۇھ. 13:34؛ 15:12؛ 1يۇھ. 3:23.

[12] ئۇ ئۇ رەزىلدىن بولغان، ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەن قابىلغا ئوخشاش
بولماسلىقىمىز كېرەك؛ ئۇ نېمىشقا ئىنىسىنى قەتل قىلدى؟ ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ قىلغانلىرى رەزىل، ئىنىسىنىڭ قىلغانلىرى ھەققانىي
بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. [13] شۇڭا، ئى قېرىنداشلار، بۇ دۇنيا
سىلەرنى ئۆچ كۆرسە، بۇنىڭغا ھەيران قالماڭلار. [14] بىز قېرىنداشلارنى
سۆيگەنلىكىمىزدىن، ئۆلۈمدىن ھاياتلىققا ئۆتكەنلىكىمىزنى
بىلىمىز. ئۆز قېرىندىشىنى سۆيمىگۈچى تېخى ئۆلۈمدە تۇرۇۋاتىدۇ.
[15] قېرىندىشىغا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشى قاتىلدۇر ۋە ھېچقانداق
قاتىلدا مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلىسىلەر. [16] بىز
شۇنىڭ بىلەن مېھىر-مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىمىزكى،
ئۇ بىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلدى؛ شۇنىڭدەك بىزمۇ
قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئۆز جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا قەرزداردۇر
مىز. [17] ئەمما كىمكى بۇ دۇنيادا مال-مۈلكى تۇرۇپ، قېرىندىشىنىڭ
موھتاجلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا كۆكسى-قارنىنى ئاچمىسا،
بۇنداق كىشىدە نەدىمۇ خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بولسۇن؟
[18] ئەزىز بالىلىرىم، سۆز بىلەن ۋە تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلدە

---

**12:3** يار. 8:4؛ ئىبر. 4:11.

**13:3** يۇھ. 18:15.

**14:3** 1يۇھ. 10:2.

15:3 **«قېرىندىشىغا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشى قاتىلدۇر»** — «مات.» 5:21-22نى كۆرۈڭ. **«ھېچقانداق قاتىلدا مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلىسىلەر»** — بۇ سۆزلەر ھېچبىر قاتىل خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مەسىلەن «مات.» 12:31، «1كور.» 6:9-11نى كۆرۈڭ.

**15:3** مات. 5:21؛ گال. 5:21.

16:3 **«بىز شۇنىڭ بىلەن مېھىر-مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىمىزكى، ئۇ بىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلدى...»** — «ئۇ» — مەسىھ، ئەلۋەتتە.

**16:3** يۇھ. 15:13؛ ئەف. 5:2.

17:3 **«ئەمما كىمكى بۇ دۇنيادا مال-مۈلكى تۇرۇپ، قېرىندىشىنىڭ موھتاجلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ...»** — «مال-مۈلۈك» مۇشۇ يەردە، گرېك تىلىدا «تىرىكچىلىك» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**17:3** قان. 15:7؛ لۇقا 3:11؛ ياق. 2:15.

**ۋە ھەقىقەتتە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتەيلى. 19 بىز شۇنداق ئىشلار**
**بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقەتتىن بولغانلىقىمىزنى بىلەلەيمىز ۋە**
**خۇدانىڭ ئالدىدا قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلالايمىز. 20 شۇنساقتىمۇ،**
**مۇبادا قەلبىمىز بىزنى ئەيىبلىسە، خۇدا بولسا قەلبىمىزدىن يەنە**
**ئۇستۇندۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.**
**21 سۆيۈملۈكلىرىم، ئەگەر قەلبىمىز بىزنى ئەيىبلىمىسە، خۇدانىڭ**
**ئالدىدا يۈرەكلىك تۇرىمىز 22 ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭدىن نېمىنى تىلىسەك**
**شۇنىڭغا ئېرىشەلەيمىز؛ چۈنكى بىز ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل**
**قىلىپ، ئۇنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىمىز. 23 ۋە ئۇنىڭ**
**ئەمرى شۇكى، ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھنىڭ نامىغا ئېتىقاد**
**قىلىشىمىز ھەمدە ئۇنىڭ بىزگە تاپىلىغىنىدەك بىر-بىرىمىزگە**

---

19:3 **«بىز شۇنداق ئىشلار بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقەتتىن بولغانلىقىمىزنى بىلەلەيمىز ۋە خۇدانىڭ ئالدىدا قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلالايمىز»** — «خۇدانىڭ ئالدىدا قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلالايمىز» گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ ئالدىدا قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلالايمىز». **«... خاتىرجەم قىلالايمىز»** — ياكى «قايىل قىلالايمىز». دېمەك، بىرسى «مەن خۇدادىنمۇ، ئەمەسمۇ؟» دەپ گۇمانلانغان بولسا، ئۆزىدىن «مەندە مېھىر-مۇھەببەت بارمۇ-يوق؟» دەپ سورىسا ۋە ئۆزىنىڭ مېھىر-مۇھەببەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسا، «مەن ھەقىقەتەن خۇدادىن تۇغۇلغانمەن» دەپ ئۆزىنى قايىل قىلالايدۇ.

20:3 **«شۇنداقتىمۇ، مۇبادا قەلبىمىز بىزنى ئەيىبلىسە، خۇدا بولسا قەلبىمىزدىن يەنە ئۇستۇندۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر»** — بۇ ئايەتتە «قەلبىمىز» بەلكىم «ۋىجدانىمىز»نى كۆرسىتىدۇ.

—بۇ سۆزلەر كۈچلۈك بىر ئەسكەرتمە. مۇبادا ۋىزدانىمىز مەلۇم ئىش توغرۇلۇق بىزنى بىئارام قىلسا، ئۇنداقتا بۇنىڭغا دىغرھال دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئەمايەتتە «گۇنداھنىڭ ئىلكىدىمەن» دەپ بىلگەن بولساق دەرھال خۇدا ئالدىدا توۋا بىلەن تۈزۈتۈشىمىز كېرەك.

—ئەلۋەتتە بەزىدىمۇ «قەلبىمىز» ئۆزىمىزگە يەتكۈزگەن خەۋەر خاتا بولالدۇ. بىراق «خۇدا بولسا قەلبىمىزدىن يەنە ئۇستۇندۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر». ئۇنى چىڭ قەلبىمىز بىلەن ئىزدىسە، ئۇ خاتالىشىپ كېتىشىمىزغا قەتئىي يول قويمايدۇ.

21:3 **«سۆيۈملۈكلىرىم، ئەگەر قەلبىمىز بىزنى ئەيىبلىمىسە، خۇدانىڭ ئالدىدا يۈرەكلىك تۇرىمىز»** — بۇ ئايەتتە «قەلبىمىز» بەلكىم يەنە «ۋىجدانىمىز»نى كۆرسىتىدۇ. **«يۈرەكلىك تۇرىمىز»** — ياكى «قورقماس تۇرىمىز».

**22:3** يەر. 12:29؛ مات. 8:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 14:5.

مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشمىزدىن ئىبارەتتۇر. [24] ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشى خۇدادا ياشايدىغان ۋە خۇدامۇ ئۇنىڭدا ياشايدىغان بولىدۇ. ئەمدى خۇدانىڭ بىزدە ياشايدىغانلىقىنى بىلگىنىمىز بولسا، ئۇ بىزگە ئاتا قىلغان روھتىندۇر.

## ساختا پەيغەمبەرلەردىن ھەزەر ئەيلەڭلار

4 [1] سۆيۈملۈكلىرىم، ھەربىر «ۋەھىي قىلغۇچى» روھلارنىڭ
ھەممىسىگىلا ئىشىنىۋەرمەڭلار، بەلكى بۇ روھلارنىڭ خۇدادىن
كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى سىناڭلار.
چۈنكى نۇرغۇن ساختا پەيغەمبەرلەر دۇنيادىكى جاي-جايلارغا پەيدا
بولدى. [2] خۇدانىڭ روھىنى مۇنداق پەرقلەندۈرەلەيسىلەر: ئەيسانى،
يەنى دۇنياغا ئىنسانىي تەندە كەلگەن مەسىھنى ئېتىراپ قىلغۇچى
ھەربىر روھ خۇدادىن بولىدۇ. [3] ۋە دۇنياغا ئىنسانىي تەندە كەلگەن

23:3 «ھەمدە ئۇنىڭ بىزگە تاپىلىغىنىدەك بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشمىزدىن ئىبارەتتۇر» — «ئۇنىڭ بىزگە تاپىلىغىنى» مۇشۇ يەردە بىزنىڭچە خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ (مەسىھ ئارقىلىق) بىزگە تاپىلىغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

**23:3** لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يۇھ. 29:6؛ 34:13؛ 12:15؛ 3:17؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 21:4.

24:3 **«ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشى خۇدادا ياشايدىغان...»** — گرېك تىلىدا «ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشى ئۇنىڭدا ياشايدىغان...». **«...ۋە خۇدامۇ ئۇنىڭدا ياشايدىغان بولىدۇ»** — گرېك تىلىدا «ۋە ئۇمۇ ئۇنىڭدا ياشايدىغان بولىدۇ».

**24:3** يۇھ. 23:14؛ 10:15؛ 1يۇھ. 12:4.

1:4 **«سۆيۈملۈكلىرىم، ھەربىر «ۋەھىي قىلغۇچى» روھلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئىشىنىۋەرمەڭلار»** — ««ۋەھىي قىلغۇچى» روھ» بەلكىم ئېتىقادچىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا يېقىن كېلىپ «ساڭا ۋەھىي قىلىمەن» دەيدىغان روھنى، ياكى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن بولغىنى ئېتىقادچىلارنىڭ يىنىغا كەلگەن ياكى ھەتتا جامائەتنىڭ ئۆز ئىچىدىن تۇرۇپ «مەن سىلەرگە خۇدانىڭ ۋەھيىنى ھازىر يەتكۈزىمەن» دېگۈچىلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمى دەل مۇشۇ «ساختا پەيغەمبەرلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

**1:4** يەر. 8:29؛ مات. 15:7، 16؛ 4:24، 5، 24؛ 1كور. 29:14؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 2پېت. 1:2؛ 2يۇھ. 7.

2:4 **«ئەيسانى، يەنى دۇنياغا ئىنسانىي تەندە كەلگەن مەسىھنى ئېتىراپ قىلغۇچى ھەربىر روھ...»** — «ئىنسانىي تەندە» (ياكى «ئىنسان تېنىدە») گرېك تىلىدا «ئەتتە» بىلەن

**ئەيسا مەسىھنى ئېتىراپ قىلمايدىغان روھ خۇدادىن كەلگەن ئەمەس.**
**بۇنداقلاردا ئەكسىچە دەججالنىڭ روھى ئىشلەيدۇ؛ سىلەر بۇ روھنىڭ**
**كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاڭلىغانىدىڭلار ۋە دەرۋەقە ئۇ ھازىر**
**دۇنيادا پەيدا بولدى.**
4 **ئەي ئەزىز بالىلىرىم، سىلەر بولساڭلار خۇدادىن بولغانسىلەر ۋە**
**ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدىڭلار؛ چۈنكى سىلەردە تۇرغۇچى بۇ**
**دۇنيادا تۇرغۇچىدىن ئۈستۈندۇر.** 5 **ئۇلار بولسا بۇ دۇنياغا مەنسۇپ؛**
**شۇڭا ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ سۆزلىرىنى قىلىدۇ ۋە بۇ دۇنيادىكىلەر**
**ئۇلارغا قۇلاق سالىدۇ.** 6 **بىز بولساق خۇدادىن بولغانمىز؛ خۇدانى**
**تونۇغان كىشى بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلايدۇ. خۇدادىن بولمىغان**

---

بىلدۈرىلىدۇ. **«ئەيسانى، يەنى دۇنياغا ئىنسانىي تەندە كەلگەن مەسىھنى ئېتىراپ قىلغۇچى ھەربىر روھ خۇدادىن بولىدۇ»** ــ مۇشۇ ئايەتتە دېيىلگەن «روھ» مەلۇم ئىنساننىڭ ئاغزى ئارقىلىق گەپ قىلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە. ھالقىلىق مەسىلە: ــ مەلۇم بىرسى جامائەتتە سۆز قىلىپ «خۇدانىڭ ۋەھيىنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن» دېسە، بىراق «ئىنسانىي تەندە كەلگەن ئەيسا مەسىھ»نى ئېتىراپ قىلمىسا، ئەمدى ئۇنىڭدا سۆز قىلىدىغان روھ خۇدانىڭ روھى ئەمەس، بەلكى جىن-شەيتانلارنىڭ بىرى ياكى بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ خۇدا بىلەن قارشىلىشىدىغان ئىنسانىي روھ بولىدۇ، خالاس.

3:4 **«ۋە دۇنياغا ئىنسانىي تەندە كەلگەن ئەيسا مەسىھنى ئېتىراپ قىلمايدىغان روھ خۇدادىن كەلگەن ئەمەس»** ــ شۇ ۋاقىتلاردا، بەزىلەر ئەيسا مەسىھنى «ھەقىقىي ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ شەكلىدە نامايان بولغان بىر خىل روھ، خالاس» دېگەن يالغان تەلىم تارقالغانىدى. **«...بۇنداقلاردا ئەكسىچە دەججالنىڭ روھى ئىشلەيدۇ؛ سىلەر بۇ روھنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاڭلىغانىدىڭلار ۋە دەرۋەقە ئۇ ھازىر دۇنيادا پەيدا بولدى»** ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «دەججال»نىڭ مەنىسى «مەسىھكە قارشى» ھەم «مەسىھنىڭ ئورنىنى تالاشقۇچى»دۇر (يۇقىرىدىكى 18:2، 20:2 ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ).

**3:4** 2تېس. 7:2؛ 1يۇھ. 18:2، 22.

4:4 **«ئەي ئەزىز بالىلىرىم، سىلەر بولساڭلار خۇدادىن بولغانسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدىڭلار»** ــ «ئۇلار» مۇشۇ يەردە ساختا پەيغەمبەرلەرنى ۋە تەلىم بەرگۈچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. **«چۈنكى سىلەردە تۇرغۇچى بۇ دۇنيادا تۇرغۇچىدىن ئۈستۈندۇر»** ــ «سىلەردە تۇرغۇچى» مۇقەددەس روھنى، «بۇ دۇنيادا تۇرغۇچى» ئىبلىسنى كۆرسىتىدۇ.

5:4 **«ئۇلار بولسا بۇ دۇنياغا مەنسۇپ؛ شۇڭا ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ سۆزلىرىنى قىلىدۇ ۋە بۇ دۇنيادىكىلەر ئۇلارغا قۇلاق سالىدۇ»** ــ «ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ سۆزلىرىنى قىلىدۇ» ياكى «ئۇلار بۇ دۇنيادىن سۆزلەيدۇ» ياكى «ئۇلار بۇ دۇنيا توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ».

كىشى بولسا بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلىمايدۇ. مانا بۇنىڭدىن
ھەقىقەتنىڭ روھى بىلەن ئېزىتقۇلۇقنىڭ روھىنى پەرق ئېتەلەيمىز.

## خۇدا ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر

7 ئى سۆيۈملۈكلىرىم، بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسىتەيلى؛ چۈنكى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئۆزى خۇدادىندۇر ۋە
مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەربىرى خۇدادىن تۇغۇلغان
بولىدۇ ۋە خۇدانى تونۇيدۇ. 8 مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتمىگۈچى كىشى
خۇدانى تونۇمىغان بولىدۇ؛ چۈنكى خۇدا ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر.
9 خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىزدە شۇنىڭ بىلەن ئاشكارا بولدىكى،
خۇدا بىزنى ئۇنىڭ ئارقىلىق ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ بىردىنبىر
يېگانە ئوغلىنى دۇنياغا ئەۋەتتى. 10 مېھىر-مۇھەببەت دەل شۇنىڭدىن
ئايانكى، بىزلەرنىڭ خۇدانى سۆيگىنىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ
ئۆزى بىزنى سۆيۈپ گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى كۆتۈرگۈچى كەفارەت
بولۇشقا ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتكىنى بىلەن ئاياندۇر.
11 ئى سۆيۈملۈكلىرىم، خۇدا بىزگە شۇ قەدەر مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسەتكەن يەردە، بىزمۇ بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسىتىشكە قەرزداردۇرمىز. 12 ھېچكىم ھېچقاچان خۇدانى كۆرگەن
ئەمەس؛ لېكىن بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتسەك، خۇدا
بىزدە ياشايدۇ ۋە ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىزدە كامالەتكە يەتكەن
بولىدۇ. 13 بىز بىزنىڭ ئۇنىڭدا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ۋە ئۇنىڭ بىزدە
ياشاۋاتقانلىقىنى شۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ئۇ ئۆز روھىنى بىزگە

**6:4** «مانا بۇنىڭدىن ھەقىقەتنىڭ روھى بىلەن ئېزىتقۇلۇقنىڭ روھىنى پەرق ئېتەلەيمىز» — «ھەقىقەتنىڭ روھى» مۇقەددەس روھنى، «ئېزىتقۇلۇقنىڭ روھى» شەيتاننىڭ ئۆزى ياكى جىنلارنى كۆرسىتىدۇ.

**6:4** يۇھ. 8:47؛ 27:10.

**9:4** يۇھ. 16:3؛ رىم. 8:5.

**10:4** رىم. 24:3، 25؛ 2كور. 19:5؛ كول. 19:1؛ 1يۇھ. 2:2.

**12:4** مىس. 20:33؛ قان. 12:4؛ يۇھ. 18:1؛ 1تىم. 17:1؛ 16:6؛ 1يۇھ. 24:3.

ئاتا قىلغان. [14] بىز شۇنى كۆرگەن ۋە شۇنداقلا شۇنىڭغا گۇۋاھلىق
بېرىمىزكى، ئاتا ئوغۇلنى دۇنياغا قۇتقۇزغۇچى بولۇشقا ئەۋەتتى.
[15] ئەگەر كىمدەكىم ئەيسانى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئېتىراپ قىلسا،
خۇدا ئۇنىڭدا، ئۇمۇ خۇدادا ياشايدۇ. [16] بىز بولساق خۇدانىڭ بىزگە
بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى تونۇپ يەتتۇق، شۇنداقلا ئۇنىڭغا تولىمۇ
ئىشەندۇق. خۇدا ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر ۋە مېھىر-مۇھەببەتتە
ياشىغۇچى كىشى خۇدادا ياشايدۇ، خۇدامۇ ئۇنىڭدا ياشايدۇ.
[17] مۇشۇنداق بولغاندا، مېھىر-مۇھەببەت بىزدە مۇكەممەللىشىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن بىز سوراق كۈنىدە خاتىرجەم-قورقماس بولالايمىز.
چۈنكى ئەيسا قانداق بولۇۋاتقان بولسا بىزمۇ ھازىر بۇ دۇنيادا
شۇنداق بولۇۋاتىمىز. [18] مېھىر-مۇھەببەتتە قورقۇنچ يوقتۇر؛ كامىل
مېھىر-مۇھەببەت قورقۇنچنى ھەيدەپ يوققا چىقىرىدۇ. چۈنكى
قورقۇنچ خۇدانىڭ جازاسى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر؛ قورقۇنچى بار
كىشى مېھىر-مۇھەببەتتە كامالەتكە يەتكۈزۈلگەن ئەمەستۇر.
[19] بىز مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىمىز، چۈنكى خۇدا ئالدى بىلەن بىزگە
مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتتى. [20] ئەگەر بىرسى «خۇدانى سۆيىمەن» دەپ

---

13:4 **«بىز بىزنىڭ ئۇنىڭدا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ۋە ئۇنىڭ بىزدە ياشاۋاتقانلىقىنى شۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ئۇ ئۆز روھىنى بىزگە ئاتا قىلغان»** — «ئۇ ئۆز روھىنى بىزگە ئاتا قىلغان» گرېك تىلىدا «ئۇ ئۆز روھىدىن بىزگە ئاتا قىلغان» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

17:4 **«شۇنىڭ بىلەن بىز سوراق كۈنىدە خاتىرجەم-قورقماس بولالايمىز»** — «سوراق كۈنى» ياكى «قىيامەت كۈنى». ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، «قىيامەت كۈنى»نى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن تەۋرات-ئىنجىلدا ئۇنىڭ توغرىسىدىكى كۆپ تەپسىلاتلار بار. **«چۈنكى ئەيسا قانداق بولۇۋاتقان بولسا بىزمۇ ھازىر بۇ دۇنيادا شۇنداق بولۇۋاتىمىز»** — گرېك تىلىدا «چۈنكى ئۇ قانداق بولۇۋاتقان بولسا بىزمۇ ھازىر بۇ دۇنيادا شۇنداق بولۇۋاتىمىز». دېمەك، بىز بۇ دۇنيادا ئەيسادەك ئادىل، ھەققانىي، راستچىل، كەمتەر، مېھرىبان، مۇھەببەتلىك.... بولىمىز. تەكىتلەنگىنى «بۇ دۇنيادا» — چۈنكى بۇ دۇنيادا ئۇنداق بولۇش پەقەت خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە تولۇق كۈچ-قۇدرىتى بولسا ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ.

18:4 **«مېھىر-مۇھەببەتتە قورقۇنچ يوقتۇر؛ كامىل مېھىر-مۇھەببەت قورقۇنچنى ھەيدەپ يوققا چىقىرىدۇ»** — ياكى «مېھىر-مۇھەببەت مۇكەممەل بولسا، قورقۇنچنى ھەيدەپ يوققا چىقىرىدۇ».

تۇرۇپ، قېرىندىشىغا ئۆچمەنلىك قىلسا، ئۇ يالغانچىدۇر. چۈنكى كۆز
ئالدىدىكى قېرىندىشىنى سۆيمىگەن يەردە، كۆرۈپ باقمىغان خۇدانى
قانداقمۇ سۆيسۇن؟ [21] شۇڭا بىزدە ئۇنىڭدىن: «خۇدانى سۆيگەن كىشى
قېرىندىشىنىمۇ سۆيسۇن» دېگەن ئەمر باردۇر.

## ئېتىقاد «بۇ دۇنيا»نىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ

5 [1] ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھەربىر كىشى
خۇدادىن تۇغۇلغان بولىدۇ؛ ۋە تۇغدۇرغۇچى ئاتىنى سۆيىدىغان
ھەربىر كىشى ئۇنىڭدىن تۇغۇلغۇچىنىمۇ سۆيىدۇ. [2] بىز ئۆزىمىزنىڭ
خۇدانىڭ بالىلىرىنى سۆيىدىغانلىقىمىزنى شۇنىڭدىن بىلىمىزكى،
خۇدانى سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىزدىندۇر.
[3] خۇدانى سۆيۈش ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىش دېمەكتۇر؛ ۋە
ئۇنىڭ ئەمرلىرىدە تۇرماق ئېغىر ئىش ئەمەستۇر. [4] چۈنكى خۇدادىن
تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيا ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ؛
ۋە دۇنيانىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى كۈچ ـ دەل بىزنىڭ
ئېتىقادىمىزدۇر. [5] بۇ دۇنيانىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى زادى
كىملەر؟ پەقەت ئەيسانى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلار

**20:4** 1يۇھ. 4:2.

**21:4** لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يـۇھ. 34:13؛ 12:15؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 23:3.

1:5 **«...ۋە تۇغدۇرغۇچى ئاتانى سۆيىدىغان ھەربىر كىشى ئۇنىڭدىن تۇغۇلغۇچىنىمۇ سۆيىدۇ»** ــ بۇ سۆز بەلكىم شۇ دەۋردىكى بىر تەمسىل بولۇشى مۇمكىن ئىدى. «ئۇنىڭدىن تۇغۇلغۇچى»لار ئېتىقادچى قېرىنداشلارنى كۆرسىتىدۇ.

**1:5** يـۇھ. 12:1.

**3:5** مات. 30:11، 29؛ يـۇھ. 15:14؛ 10:15.

4:5 **«چۈنكى خۇدادىن تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيا ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ؛ ۋە دۇنيانىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى كۈچ ــ دەل بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدۇر»** ــ «بۇ دۇنيا» مۇشۇ يەردە خۇداغا قارشى چىقىدىغان پۈتكۈل دۇنيادىكى ئېتىقادسىزلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئەمەلىيەتتە «بۇ دۇنيادىكىلەر» شەيتاننىڭ ئىلكىدە مەركەزلەشكەن، خۇداغا قارشى بىر تۈزۈمدۇر.

**4:5** يـۇھ. 33:16.

ئەمەسمۇ؟
[6]ئۇ بولسا سۇ ۋە قان ئارقىلىق كەلگەن زات، يەنى ئەيسا مەسىھدۇر؛
ئۇنىڭ كېلىشى پەقەت سۇ بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قان بىلەنمۇ ئىدى.
ۋە بۇ ئىشلارغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى بولسا روھتۇر، چۈنكى روھ ئۆزى ھە
قىقەتتۇر. [7]چۈنكى ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئۈچ گۇۋاھلىق بەرگۈچى بار: —
[8]بۇلار روھ، سۇ ۋە قاندىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۈچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىردۇر.
[9]ئەگەر بىز ئىنسانلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلساق، خۇدانىڭ
گۇۋاھلىقى بۇلارنىڭكىدىن ئۈستۈندۇر. خۇدا ئۆز ئوغلى توغرىسىدا
شۇنداق گۇۋاھلىق بەرگەن — [10](خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغان
كىشىنىڭ ئىچىدە شۇ گۇۋاھلىق باردۇر؛ بىراق خۇداغا ئىشەنمىگەن
كىشى ئۇنى يالغانچى قىلغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ ئۆز ئوغلىنى
تەستىقلىغان گۇۋاھلىقىغا ئىشەنمىگەن) [11]گۇۋاھلىق دەل شۇدۇركى،
خۇدا بىزگە مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئاتا قىلدى ۋە بۇ ھاياتلىق ئۇنىڭ

---

**5:5** 1كور. 57:15؛ 1يۇھ. 15:4.

6:5 **«ئۇ بولسا سۇ ۋە قان ئارقىلىق كەلگەن زات، يەنى ئەيسا مەسىھدۇر؛ ئۇنىڭ كېلىشى پەقەت سۇ بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قان بىلەنمۇ ئىدى. ۋە بۇ ئىشلارغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى بولسا روھتۇر، چۈنكى روھ ئۆزى ھەقىقەتتۇر»** — «روھ» — خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى كۆرسىتىدۇ.

—بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىرنەچچە ساختا تەلىمگە قارىتا رەددىيە بېرىشتۇر. مۇئەللىپ قەتئىيلىك بىلەن شۇنى ئىسپاتلىماقچىكى: (1) ئەيسا مەسىھ ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ تۇغۇلدى؛ (2) ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ، يەھيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن سۇدا چۆمۈلدۈرۈلدى؛ (3) ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ كرېستتە ئۆلدى. بۇ رەددىيىنىڭ تەپسىلاتلىرى ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە سەل توختىلىمىز

7:5 **«چۈنكى ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئۈچ گۇۋاھلىق بەرگۈچى بار...»** — «ئۇنىڭ توغرۇلۇق» — مەسىھ توغرۇلۇق.

8:5 **«بۇلار روھ، سۇ ۋە قاندىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۈچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىردۇر»** — بۇ ئايەت توغرۇلۇق ۋە 6-7-ئايەتلەر ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز. بىرئاز كونا كۆچۈرۈلمىلەردە: — «چۈنكى ئۇ توغرۇلۇق ئەرشتە ئۈچ گۇۋاھلىق بەرگۈچى بار: بۇلار ئاتا، كالام ۋە مۇقەددەس روھتۇر؛ بۇ ئۈچى بىردۇر. (8) يەر يۈزىدە ئۈچ گۇۋاھلىق بەرگۈچى بار: بۇلار روھ، سۇ ۋە قاندىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۈچىنىڭ گۇۋاھلىقى ئوخشاشتۇر» دېيىلىدۇ.

**10:5** يۇھ. 36:3؛ رىم. 16:8؛ گال. 6:4.

ئوغلىدىدۇر. [12]شۇڭا ئوغۇلغا ئىگە بولغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە
بولغان بولىدۇ؛ خۇدانىڭ ئوغلىغا ئىگە بولمىغان كىشى ھاياتلىققا
ئىگە بولمىغان بولىدۇ.

## مەڭگۈلۈك ھايات

[13]مەن بۇلارنى خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ نامىغا ئېتىقاد قىلغان سىلەرگە
سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى بىلىشىڭلار
ئۈچۈن يازدىم. [14]ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تولۇق ئىشەنچ-
خاتىرجەملىكىمىز شۇنداقكى، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق
ھەرقانداق بىر ئىشنى تىلىسەك، ئۇ بىزنى ئاڭلايدۇ. [15]ئۇنى ھەرنېمە
تىلىگىنىمىزنى ئاڭلايدۇ دەپ بىلگەنىكەنمىز، دۇئايىمىزدا
ئۇنىڭدىن تىلىگىنىمىزگە ئېرىشتۇق، دەپ بىلىمىز.
[16]بىرسى قېرىندىشىنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدىغان بىر گۇناھ
سادىر قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلسۇن؛ ۋە خۇدا
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدىغان گۇناھ سادىر قىلغانلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا
ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۆلۈمگە مەھكۇم گۇناھمۇ باردۇر. ئۇنىڭ
توغرىسىدىن تىلىسۇن، دېمەيمەن. [17]ھەممە ھەققانىيەتسىزلىك

---

**11:5** يـۇھ. 4:1.

13:5 **«... سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن يازدىم»** — بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە: «سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ نامىغا ئېتىقاد قىلغۇېرىشىڭلار ئۈچۈن يازدىم» دېيىلىدۇ.

**13:5** يـۇھ. 31:20.

**14:5** يەر. 12:29؛ مات. 8:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 2:3.

16:5 **«بىرسى قېرىندىشىنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدىغان بىر گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلسۇن؛ ۋە خۇدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدىغان گۇناھ سادىر قىلغانلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۆلۈمگە مەھكۇم گۇناھمۇ باردۇر. ئۇنىڭ توغرىسىدىن تىلىسۇن، دېمەيمەن»** — «ۋە خۇدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدىغان گۇناھ سادىر قىلغانلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ» ياكى «ۋە خۇدا ئۇلارغا (يەنى گۇناھ سادىر قىلغانلارغا) ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ» —«ئۆلۈمگە مەھكۇم گۇناھ» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

**16:5** چۆل. 30:15؛ 1سام. 25:2؛ مات. 31:12؛ مار. 29:3؛ لۇقا 10:12؛ ئىبر. 4:6؛ 26:10؛ 2پېت. 2:2.

گۇناھتۇر؛ ۋە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدىغان گۇناھمۇ بار. [18] خۇدادىن
تۇغۇلغۇچىنىڭ گۇناھ سادىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمىز؛ چۈنكى
ئەسلىدە خۇدادىن تۇغۇلغان زات بۇنداق كىشىنى قوغداپ قالىدۇ ۋە
ئاشۇ رەزىل ئۇنىڭغا تېگەلمەيدۇ. [19] ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ خۇدادىن
بولغانلىقىمىز ئۆزىمىزگە مەلۇم؛ ئەمما پۈتكۈل دۇنيا بولسا ئۇ
رەزىلنىڭ ئىلكىدىدۇر.
[20] يەنە بىزگە مەلۇمكى، خۇدانىڭ ئوغلى دۇنياغا كەلدى ۋە ھەقىقىي
بولغۇچىنى تونۇشىمىز ئۈچۈن كۆڭلىمىزنى يورۇتتى؛ ۋە بىز ھەقىقىي
بولغۇچىنىڭ ئۆزىدە، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھدە ياشاۋاتىمىز.
ئۇ بولسا ھەقىقىي خۇدا ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتۇر!
[21] ئەزىز بالىلىرىم، ئۆزۈڭلارنى ھەرقانداق بۇتلاردىن ساقلاڭلار.

---

**17:5** 1يۇھ. 4:3.

18:5 **«خۇدادىن تۇغۇلغۇچىنىڭ گۇناھ سادىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمىز؛ چۈنكى ئەسلىدە خۇدادىن تۇغۇلغان زات بۇنداق كىشىنى قوغداپ قالىدۇ ۋە ئاشۇ رەزىل ئۇنىڭغا تېگەلمەيدۇ»** ــ بىزنىڭچە «ئەسلىدە خۇدادىن تۇغۇلغان زات» ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ يەردە «تۇغۇلغان» بەلكىم مەسىھنىڭ ئىنسان بولۇشقا تۇغۇلۇشىنى كۆرسىتىشى كېرەك. باشقا ئىككى خىل تەرجىمىسى بار: (1) «خۇدادىن تۇغۇلغۇچى بولسا (يەنى، ئېتىقادچى)، ئۇ (خۇدا) ئۇنى قوغداپ قالىدۇ؛ (2) خۇدادىن تۇغۇلغۇچى ئۆزىنى قوغداپ قالىدۇ».
—«ئاشۇ رەزىل» ــ ئىبلىسنى كۆرسىتىدۇ.

**18:5** 1يۇھ. 9:3.

20:5 **«ۋە بىز ھەقىقىي بولغۇچىنىڭ ئۆزىدە، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھدە ياشاۋاتىمىز»** ــ «ھەقىقىي بولغۇچى» خۇدانى كۆرسىتىدۇ. **«ئۇ بولسا ھەقىقىي خۇدا ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتۇر!»** ــ ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىدۇ (مۇقەددەس يازمىلاردىكى ھېچقانداق يەرلەردە «خۇدا ھاياتلىق» دېيىلمەيدۇ، لېكىن كۆپ يەرلەردە «ئەيسا مەسىھ ھاياتلىقتۇر»، دېيىلىدۇ. مەسىلەن «يۇھ.» 25:11، 6:14).

**20:5** يەش. 5:9؛ 6:44؛ 5:54؛ لۇقا 45:24؛ يـۇھ. 28:20؛ رىم. 9:5؛ 1تىم. 16:3.

21:5 **«ئەزىز بالىلىرىم، ئۆزۈڭلارنى ھەرقانداق بۇتلاردىن ساقلاڭلار»** ــ «بۇتلار» شۈبھىسىزكى، مۇشۇ يەردە پەقەت ئويما بۇتلارنى ياكى قۇيما بۇتلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئېتىقادچىلارنىڭ قەلبىدە خۇدانىڭ ئورنىنى تالىشىدىغان ھەرقانداق نەرسە ياكى ئىشتۇر. مەسىلەن، «كول.» 5:3نى كۆرۈڭ

# قوشۇمچە سۆز

مۇشۇ يەردە بىز ئالاھىدە مۇھىم ياكى چۈشىنىش قىيىن دەپ قارىغان بەزى ئايەتلەر ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز.

(2:7-8) «ئى سۆيۈملۈكلىرىم، سىلەرگە بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى بىر ئەمرنى ئەمەس، بەلكى دەسلەپتىن تارتىپ سىلەر تاپشۇرۇۋالغان كونا ئەمرنى يېزىۋاتىمەن. ئۇشبۇ ئەمر سىلەر بۇرۇندىنلا ئاڭلاپ كېلىۋاتقان سۆز-كالامدۇر. لېكىن يەنە كېلىپ مەن سىلەرگە يېزىۋاتقىنىمنى يېڭى ئەمر دېسەكمۇ بولىدۇ؛ بۇ ئەمر مەسىھدە ھەم سىلەردىمۇ ئەمەل قىلىنماقتا، چۈنكى قاراڭغۇلۇق ئۆتۈپ كەتمەكتە، ۋە ھەقىقىي نۇر ئاللىقاچان چېچىلىشقا باشلىدى».

بۇ سىرلىق ئەمما تولىمۇ مۇھىم ئايەتنى مۇنداق چۈشىنىمىز: —

(1) ئەيسا مەسىھ ئەسلىدە مۇخلىسلىرىغا بىرىنچىچە قېتىم: «بىر-بىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەتنى كۆرسىتىڭلار» دەپ تاپىلىغانىدى («يۇھ.» 34:13، 12:15نى كۆرۈڭ). شۇڭا بۇ ئەمرنى «كونا ئەمر» دېگىلى بولىدۇ.

(2) بۇ ئەمرنى مۇخلىسلارغا تاپىلىغان ۋاقىتتا ئۇلاردا ھېچ ئەمەل قىلىنمىغانىدى. مەسىلەن، بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرسەك، مەسىھ ئۇلارغا ئاخىرقى «كەچلىك تاماق»تا بۇ ئەمرنى تاپىلايدۇ («يۇھ.» 13-باب)؛ لېكىن ئۇلار يەنە بىر-بىرى بىلەن «ئارىمىزدا كىم ئەڭ ئۇلۇغ» دەپ تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ («لۇقا» 24:22-27). سەۋەبى، ئۇلاردا روھىي ھايات تېخى مەۋجۇت بولمىغانىدى. پەقەت مۇقەددەس روھ كەلگەندە ئاندىن روھىي ھايات باشلىنىدۇ.

(3) رەب ئەيسا ھەممىمىز ئۈچۈن كرېستتىكى ئۆلۈمى بىلەن غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مۇقەددەس روھ كېلىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلار ھەقىقىي روھىي ھاياتقا مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇ چاغدا پەقەت مەسىھدىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا روھتا باغلانغانلاردىمۇ ھەقىقىي مۇھەببەت، يەنى خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى پەيدا بولۇپ، «بىر-بىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار»، ھەتتا «سىلەرنى سۆيگىنىمدەك، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار» دېگىنى مۇمكىن بولىدۇ. ئەمدى ھازىر ئەمرگە ئەمەل قىلىش

مۆمكىنچىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «يېڭى ئەمر» دېيىشكە بولاتتى؛ ۋە شۇنىڭدەك ھەقىقىي مېھر-مۇھەببەتنىڭ يەر يۈزىدە بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئەمدى «قاراڭغۇلۇق ئۆتۈپ كەتمەكتە ۋە ھەقىقىي نۇر ئاللىقاچان چېچىلىشقا باشلىدى».

(9:3) «خۇدادىن تۇغۇلغۇچى گۇناھ سادىر قىلمايدۇ؛ خۇدانىڭ ئۇرۇقى ئۇنىڭدا ئورۇن ئالغاچقا، ئۇ گۇناھ سادىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ خۇدادىن تۇغۇلغاندۇر»

يۇھاننا قايسى جەھەتتىن «ئۇ گۇناھ سادىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ؟ ئۇ ئاللىقاچان (1:2دە) «مۇبادا بىرسى گۇناھ سادىر قىلسا، ...» دېگەن. دېمەك، ھەتتا خۇدادىن تۇغۇلغان بىرسىنىڭمۇ گۇناھ قىلىش مۇمكىنچىلىكى دەرۋەقە باردۇر. لېكىن ئۇ 6:3دە مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ: —

«ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ھەربىر كىشى گۇناھ سادىر قىلمايدۇ؛ كىمدەكىم گۇناھ سادىر قىلسا، ئۇنى كۆرمىگەن ۋە ئۇنى تونۇمىغان بولىدۇ». خۇدادىن ھەقىقىي تۇغۇلغان بىرسىنىڭ ھەقىقىي گۇناھ سادىر قىلىش ئادىتى بولمايدۇ؛ ئۇنىڭغا نىسبەتەن گۇناھ «بىنورمال ئىش» بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن «نورماللىق» ھەققانىيلىق ۋە مېھر-مۇھەببەت ئىچىدە ياشاشتىن ئىبارەتتۇر؛ چۈنكى «خۇدانىڭ ئۇرۇقى» بولغان مەسىھنىڭ ئۆزى ئۇنىڭدا ياشايدۇ («گال.» 20:2).

بۇ 9-ئايەت شۈبھىسىزكى، گۇناھ سادىر قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئەخلاق ياكى مېھر-مۇھەببەت جەھەتتىن ئېيتىلغاندۇر. بۇنىڭغا مىسال ئالساق، سەبىي بالىسىنى قولىدىن يېتىلەپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئانا دەيلى، تۇيۇقسىز ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتقان بىر يۈك ماشىنىسى پەيدا بولۇپ قالدۇ. شۇ ئانا ئۆز بالىسىنى ئاشۇ ماشىنىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟ بىر تەرەپتىن، يەنى جىسمانىي تەرەپتىن، شۇنداق مۇمكىنچىلىك دەرۋەقە بار؛ لېكىن ئەخلاق جەھەتتىن ياكى ئانىلىق مۇھەببىتى جەھەتىدىن بۇنداق مۇمكىنچىلىك قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس. ئوخشاش يولدا، خۇدانىڭ ھەمراھلىقىدا مېڭىۋاتقان، ئۇنى تونۇيدىغان بىرسى «گۇناھ سادىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس».

8-6:5 «ئۇ بولسا سۇ ۋە قان ئارقىلىق كەلگەن زات، يەنى ئەيسا مەسىھدۇر؛ ئۇنىڭ كېلىشى پەقەت سۇ بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قان بىلەنمۇ ئىدى. ۋە بۇ ئىشلارغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى بولسا روھتۇر، چۈنكى روھ ئۆزى ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئۈچ گۇۋاھلىق بەرگۈچى بار: — بۇلار روھ، سۇ ۋە قاندىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۈچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىردۇر»

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بىرنەچچە ساختا تەلىمگە قارىتا رەددىيەدۇر.

«كىرىش سۆز»دە دېگىنىمىزدەك بۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىدە ئالىدۇ: —

(1) ئومۇمەن «ماددىي دۇنيا رەزىل، پەقەت روھىي دۇنيا ياخشى».

(2) «ماددىي دۇنيا رەزىل بولغاچقا، ئەيسا مەسىھ ئەرشتىن كېلىپ بىر تەندە ماكانلىشىپ ھەقىقىي ئىنسان بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت «ئىنسانىي قىياپەت»تە كەلگەن بىر روھ، خالاس؛ دېمەك، ئۇ «ئەتتە» ئەمەس».

(3) «ئىنسان بولغان ناسارەتلىك ئەيسا سۇدا چۆمۈلدۈرۈلگەندىلا خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ تېنىنى ئىلكىگە ئالدى؛ پەقەت شۇ چاغدىن كېيىن، ئەيسانى «خۇدانىڭ ئوغلى» دېيىشكە بولاتتى».

(4) «ئىنسان بولغان ناسارەتلىك ئەيسا ئۆلۈش ئالدىدا خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ تېنىدىن كەتتى؛ شۇڭا «خۇدانىڭ ئوغلى ئۆلدى» دېيىشكە بولمايدۇ».

(5) «قۇتقۇزۇلۇش-نىجات بۇ رەزىل، ماددىي دۇنيادىكى ھاياتقا باغلىق بولمىغاچقا، قۇتقۇزۇلغانلارنىڭ «جىسمانىي» ئەخلاقلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشىنىڭ، مېھر-مۇھەببەت كۆرستىشكە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق».

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن مۇئەللىپ قەتئىيلىك بىلەن شۇنى ئىسپاتلىماقچىكى: (1) ئەيسا مەسىھ ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ تۇغۇلدى؛ (2) ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ يەھيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن سۇدا چۆمۈلدۈرۈلدى؛ (3) ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ كرېستتە ئۆلدى. مانا شۇ سەۋەبتىن مۇئەللىپ يۇقىرىقى ئايەتلەردە رەببىمىزنىڭ «كېلىشى پەقەت سۇ بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قان بىلەنمۇ ئىدى» دەپ تەكىتلەيدۇ.

بۇنىڭدىن چۈشىنىمىزكى: —

(ئا) رەببىمىز ئادەتتىكى، نورمال ئىنسانىي تۇغۇت بىلەن بۇ دۇنياغا كەلگەن. بارلىق ئىنسانىي تۇغۇتلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئانىسىنىڭ تۇغۇت سۇلىرى بىلەنلا

ئەمەس، بەلكى ئانىسىدىن ئايرىلىش قېنى (كىندىكىنى كەسكەندىكى) بىلەنمۇ ئىدى. ئەگەر بىرسى «روسۇل يۇھاننا بۇ ئىشلارغا گۇۋاھچى بولغانمۇ؟» دەپ سورىسا، ئەلۋەتتە «ئۆز كۆزى گۇۋاھچى بولمىدى» دەيمىز. لېكىن ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، يۇھاننا رەببىمىزنىڭ ئانىسى مەريەم ئۆلگۈچە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالغان («يۇھ.» 19:26-27).

(ئە) رەببىمىزنىڭ «خەلقئالەم ئالدىدىكى خىزمەت»ى يەھيا پەيغەمبەر تەرىپىدىن چۆمۈلدۈرۈلۈشى بىلەن باشلانغانىدى. بۇ چاغدىمۇ ئۇ ھەم تولۇق ئىنسان ھەم تولۇق خۇدانىڭ ئوغلى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېلىشىنى «سۇ بىلەن» دېگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ «يەر يۈزىدىكى خىزمەت»ى ئۇنىڭ كرېستتە قان تۆكۈشى بىلەن ئاخىرلاشقان؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى ئەرشتىكى خىزمىتىگە «كېلىشى» «سۇ بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سۇ ۋە قان بىلەن ئىدى».

(ب) ئۇ كرېستتە ئۆلگەندىن كېيىن شۇ يەردىكى بىر ئەسكەر نەيزىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىقىنىغا سانجىدى. شۇ چاغدا يۇھاننا بىزگە «سۇ ۋە قان چىقتى» دەپ ئالاھىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئەسكەرلەرگە: «بۇ ئادەم دەرۋەقە ئۆلدى» دېگەن تولۇق ئىسپات ئىدى. تىبابەتچىلىك تەرىپىدىنمۇ بۇ ئىش ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن يۇھاننا دىققىتىمىزنى بۇ ئۈچ گۇۋاھقا تارتماقچى — سۇ، قان ۋە مۇقەددەس روھ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھ ئانىسى مەريەمنىڭ قورسىقىغا كەلگەندىن تارتىپ ئۆلۈشىگىچە (ھەم شۇنداقلا ھازىرمۇ!) خۇدانىڭ ئوغلى بولۇپلا قالماي، تولۇق ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

5:16-17 «بىرسى قېرىندىشىنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدىغان بىر گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلسۇن؛ ۋە خۇدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدىغان گۇناھ سادىر قىلغانلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۆلۈمگە مەھكۇم گۇناھمۇ باردۇر. ئۇنىڭ توغرىسىدىن تىلىسۇن، دېمەيمەن. ھەممە ھەققانىيەتسىزلىك گۇناھتۇر؛ ۋە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمايدىغان گۇناھمۇ بار».

«ئۆلۈمگە مەھكۇم بىر گۇناھ» دېگەن نېمە؟ ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئالىملار ئارىسىدا بۇ ئىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ پىكىر بار (ھەممە ئالىم شۇ گۇناھ سادىر قىلغۇچى كىشىنى ئېتىقادچى دەپ قارايدۇ): —

(1) بۇ خىل گۇناھ گۇناھ سادىر قىلغان ئادەم (ئېتىقادچى)نى مەڭگۈلۈك ھاياتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى «ئوت كۆلى»دىكى «مەڭگۈلۈك ئۆلۈم»گە، يەنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. يۇھاننا قېرىنداشلارغا بۇنداق گۇناھ قىلغان كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلماسلىقنى ئۇندىگەندىن كېيىن، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم رەببىمىز ئېيتقان «كەچۈرۈلۈشكە بولمايدىغان گۇناھ»قا ئوخشاش ئىش بولۇشى كېرەك («مات.» 12:22-32).

(2) ھەممىمىزگە ئايان، خۇدا كېرەك بولغاندا ئۆزىگە خاس بولغانلارنىڭ بېشىغا «تەربىيىلىك جازاسى»نى چۈشۈرىدۇ (مەسىلەن، «ئىبر.» 12:4-14). بۇ گۇناھ گۇناھ سادىر قىلغۇچى كىشىنى «تەربىيىلىك جازا» سۈپىتىدە جىسمانىي ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىش «مەڭگۈلۈك ئۆلۈم»دىن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىشتۇر.

(3) ئۇنداق گۇناھ سادىر قىلغۇچى كىشىنى «خۇداغا مېۋە بەرمەيدىغان ھالەت»تە باغلاپ بېكىتىدۇ. بۇ ھالەت ئۇ ئۆلگۈچە داۋاملىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ دۇنيادىن كەتكۈچە باشقا قېرىنداشلار ئۇنىڭ غېمىنى ھېچ يېمەي، ئۇنىڭ بىلەن باردى-كەلدى قىلماسلىقى كېرەك.

بۇ ئۈچ پىكىردىن بىرىنچىسىگە قەتئىي قوشۇلالمايمىز. ھالبۇكى، 2- ۋە 3-پىكىرنىڭ ۋەزىنلىكى بار، دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى پىكىر بىر-بىرىگە بەك يېقىن، «مەڭگۈلۈك تەرىپىدىن ئېيتقاندا» دېگەندەك ئوخشاش ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ كۆزقارىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق: —

(ئا) رەببىمىز ئېيتقان «ھېچقاچان كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان گۇناھ» بولسا خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئەڭ ئاخىرقى رەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر («مات.» 12:31-32 ۋە ئۇنىڭدىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ). بۇ گۇناھنىڭ پەرىسىيلەردە بولغان ئىپادىسى ئۇلارنىڭ رەببىمىزنىڭ خۇدالىق ھوقۇقىنى رەت قىلىشى ئىدى. گەرچە ئۇ بۇ ھوقۇقىنى مۆجىزىلىرى بىلەن ۋە كارامەت تەلىمى بىلەن تەستىقلىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىشىنىشنى رەت قىلىپ، ئۇنى «شەيتاننىڭ ئەلچىسى» دەپ ھاقارەتلىدى. شۇڭا بۇ ئېتىقادچىلار تەرىپىدىن قىلىنغان گۇناھ ئەمەستۇر (بەلكى ئېتىقادسىزلار تەرىپىدىن قىلىنغاندۇر).

(ئە) يۇھاننانىڭ دېيىشىچە، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن، شۇنداقلا «قېرىنداش» دەپ ئاتىلىشقا لايىق بىر كىشىگە نىسبەتەن (5:16) يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، گۇناھنىڭ ئۆزى بىنورمال بىر ئىش، گۇناھ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەت ئەمەس (3:4-10نى كۆرۈڭ). بۇنداق دېگىنىمىز «ئېتىقادچىلاردا گۇناھلار بولمايدۇ» دېگەنلىك ئەمەس (2:1نى

كۆرۈڭ). لېكىن بىرسىنىڭ خۇدانىڭ ھاياتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاندىن «مەڭگۈلۈك گۇناھ» («مار.» 29:3) سادىر قىلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار دېيىلسە، بىزنىڭچە بۇ پىكىر ئىنسانلار «قايتىدىن تۇغۇلۇش» ئارقىلىق قوبۇل قىلغان خۇدانىڭ ئۆز تەبىئىتىنى مۇتلەق ئىنكار قىلىشقا باراۋەر بولىدۇ. پۈتۈن مۇقەددەس كىتابتا ئۇنىڭغا ھېچقانداق مىسال تاپالمايمىز. بىرسى: «مەسىھگە ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدا بۇنىڭغا بىر مىسالدۇر» دېسە، بىز يەھۇدانىڭ بارلىق قىلمىشلىرىدىن ئۇنىڭدا «خۇدانىڭ ھاياتى» بولغانلىقىدىن بىرمۇ ئىسپات تاپالمايمىز، دەپ جاۋاب قايتۇرىمىز.

(ب) بىراق باشقا تەرەپتىن ئېيتقاندا، مۇقەددەس كىتابتا ئېتىقادچىلارنىڭ خۇدانىڭ تەربىيىلىك جازاسى (مەڭگۈلۈك جازاسى ئەمەس)غا ئۇچراپ ئۆلگەنلىكىدىن كۆپ مىساللار باردۇر. بۇنداق جىسمانىي جازانىڭ سەۋەبلىرى گۇناھ قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەھۋاللىرىدىن ھالقىپ كېتىشى مۇمكىن. «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە ئانانىياس ۋە سافىرا ئۆزلىرىنى «ئىنتايىن ئىخلاسمەن كىشىلەر» دەپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ، يالغان سۆزلىگەنلىكى خاتىرىلىنىدۇ («روس.» 5:1-11). بۇ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئۇلار خۇدا ئالدىدا ھاياتىدىن مەھرۇم بولدى. خۇدانىڭ روھى زور قۇدرىتىنى كۆرسەتكەن شۇ كۈنلەردە بۇ ئىش بارلىق جامائەتلەرگە قاتتىق بىر ئاگاھ بولدى. كېيىنكى دەۋرلەردە باشقىلار ئوخشاشلا خۇدانىڭ جامائىتىگە يالغان سۆز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوخشاش تەربىيىلىك جازاغا ئۇچرىمىغان، دەپ گۇمان قىلمايمىز — لېكىن خۇدانىڭ روھى كۈچ-قۇدرىتىنى شۇ كۈنلەردىكىدەك ئوخشاش ئايان قىلغان بولسا، ئۇنىڭ يولىنى توسقان ھەرقانداق كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئانانىياس ۋە سافىرانى ئوت كۆلىگە چۈشىدۇ، دەپ قارىمايمىز. ئۇلار بەلكىم روسۇل پاۋلۇس «1كور.» 11:3-15دە تەسۋىرلەيدىغان، خۇدانىڭ ئۇلى ئۈستىگە ھېچ مۇقىم نەرسىنى قۇرمىغان كىشىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ. بىزنىڭ شۇ ئايەتلەر توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

تەۋراتتىن يەنە مۇنداق بىر مىسال تاپىمىز. داۋۇت پادىشاھ بات-شېبا بىلەن زىنا قىلىشى بىلەن بات-شېبا ھامىلدار بولۇپ قالدى. خۇدا داۋۇتقا نامىغا ئېغىر داغ كەلتۈرگىنىڭ ئۈچۈن، ئېتىقادسىزلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز پاك-مۇقەددەسلىكىمنى ئېنىق قىلىش ئۈچۈن، بات-شېبادىن بولىدىغان بالاڭ تۇغۇلۇپ ئۆلىدۇ، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. داۋۇت بالا ئۈچۈن يەتتە كۈن روزا تۇتۇپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلغان بولسىمۇ، خۇدانى بۇ

قاراردىن ياندۇرالمايتتى («زەب.» 4:51 ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئىزاھاتىمىزنىمۇ كۆرۈڭ). مۇشۇ يەردە ئۆلىدىغان داۋۇتنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى گۇناھ قىلمايدىغان بالىسى؛ لېكىن خۇدانىڭ مەلۇم گۇناھلارنىڭ ئۇستىدىكى ھۆكۈمىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى، ھەتتا دۇئا-تىلاۋەتلەرنىڭمۇ ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى مۇشۇ ۋەقەدىن ئېنىق تۇرىدۇ. داۋۇت مۇمكىن بولسا، مۇشۇ بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەزمەن ئۆزىنى پىدا قىلىشقا رازى بولاتتى دەپ ئىشىنىمىز (كېيىن، داۋۇتنىڭ ھەتتا ئۆزىگە ئاسىي بىر ئوغلىغا بېرىدىغان مېھرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «2سام.» 33:18نى كۆرۈڭ).

روسۇل پاۋلۇس يەنە كورىنتتىكى جامائەتكە يازغان بىرىنچى مەكتۇپىدا «رەببىمىزنىڭ كەچلىك تامىقى»دىن ناتوغرا پۇزىتسىيە بىلەن يېگەنلەرنىڭ خۇدانىڭ تەربىيە جازاسىغا ئۇچراپ، كېسەل بولۇپ ياتقانلىقى، ھەتتا ئۆلگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە كورىنتتا تۇرغان، ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان ئەمما تۇۋا قىلىشقا رازى بولمايدىغان مەلۇم بىر ئېتىقادچى توغرۇلۇق: - «شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ئەتلىرى ھالاك قىلىنسۇن، شۇنداق قىلىپ روھى رەب ئەيسانىڭ كۈنىدە قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇلسۇن» — دەيدۇ («1كور.» 5:5). بۇ ئىش توغرۇلۇقمۇ شۇ خەتتىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

ئادەتتە ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان ئەمما تۇۋا قىلىشنى خالىمايدىغانلار ئۈچۈن خۇدا بېكىتكەن تەربىيە بولسا، جامائەت ئۇلارنى باردى-كەلدىسىدىن چىقىرىۋېتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ (مۇشۇ توغرۇلۇق «رىم.» 17:16-18، «2كور.» 14:6-1:7، «گال.» 1:6-2، «تېسالونىكىلىقلارغا (2)» 6:3-15، «1تىم» 20:1، «تىت.» 10:3-11، «2يۇھ.» 9-11، «ۋەھ.» 20:2نى كۆرۈڭ).

لېكىن پاۋلۇس كورىنتتىكى مۇشۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنىڭغا مۇشۇنداق تەربىيىنىڭ كەملىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. پۈتكۈل يۇرت ئالدىدا رەببىمىزنىڭ گۇۋاھ-خەۋىرىنىڭ ئېتىۋارى قالمىدى؛ گۇناھ سادىر قىلغۇچى تۇۋا قىلىشنى ھېچ خالىمايتتى. «ئەتلىرى ھالاك قىلىنسۇن» — بۇ ئىبارە، بىزنىڭچە، ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ «ئۆلۈمگە مەھكۇم» بىر گۇناھ سادىر قىلغانىدى. روسۇل پاۋلۇس ئوخشاش يولدا «شەيتانغا تاپشۇرغان»لار بولسا، خۇمېنېئۇس ۋە ئىسكەندەر («1تىم» 20:1) ۋە فىلېتۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ («2تىم» 17:2). ئۇلارنىڭ تېزدىن ئالەمدىن كېتىشى بولسا (1) باشقىلارغا زور ئاگاھ بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئادەمنى

بۇلغايدىغان تەسىرىدىن قۇتقۇزىدۇ؛ (2) ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانىنى تېخىمۇ كۆپ گۇناھلارنىڭ ئېغىرلاشتۇرۇشىدىن قۇتقۇزىدۇ.

شۇڭا كۆزقارىشىمىز «ئۆلۈمگە مەھكۇم گۇناھ» ئېتىقادچىنىڭ جىسمانىي ئۆلۈشىنى ئېلىپ كېلىدىغان گۇناھدۇر. خۇدا ئانانىياس ۋە سافىرانىڭ ئۈستىگە چىقارماقچى بولغان ھۆكۈمنى ئېنىق قىلغاندىن كېيىن، روسۇل پېترۇس ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلمىغانىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئېتىقادچىلار شۇنداق گۇناھ سادىر قىلغانلار ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىشقا توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنداق ئېغىر گۇناھ قىلغان (كورىنتتىكى ھېلىقى ئادەمگە ئوخشاش توۋا قىلىشنى خالىمايدىغان) ئېتىقادچى تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ نامى ۋە خەۋىرىنىڭ ئېتىۋارى قالمىغان ئەھۋالدا، جامائەت ھەتتا شۇ كىشىنى «شەيتانغا تاپشۇرۇش» كېرەكمۇ، دەپ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن چوڭقۇر ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ («1كور.» 1:6-8).

# ئىنجىل 24-قىسىم

# «يۇھاننا 2-مەكتۇپ»

## روسۇل يۇھاننا يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ

## كىرىش سۆز

بۇ قىسقا خەتنىڭ مۇئەللىپى روسۇل يۇھاننا. ئۇ بۇ خېتىنى ئۆزىگە تونۇش «خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خانىمغا ۋە ئۇنىڭ ئەزىز بالىلىرىغا» يازغان. روشەنكى، يۇھانناننىڭ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن ھۆرمىتىدىن ئۇ رەببىمىزگە زىچ ئالاقىدە يۈرىدىغان بىر ئايالدۇر.

بەزى ئالىملار «خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خانىم»نى ئەمەلىيەتتە بىر ئايال ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر ئېتىقادچى جامائەتكە، شۇنداقلا ئۇنىڭ «بالىلىرى» ئاشۇ جامائەتتىن تۇغۇلغان باشقا جامائەتلەرگە سىمۋول ياكى ۋەكىلدۇر، دەپ قارايدۇ. بىز شۇنداق قارىمايمىز؛ سەۋەبى ۋە باشقا بىرنەچچە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

خەتنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، خەت بۇ خانىمنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا جېكىلەش سۆزى بولۇش سۈپىتىدە يېزىلغان. يۇھاننا بۇ خانىم ۋە «بالىلىرى»غا: (1) خۇش خەۋەردە ئامانەت قىلىنغان ئۇلۇغ روھىي بايلىقلارنى قولدىن بەرمەسلىك؛ (2) بۇ بايلىقلار ئارقىلىق ئېرىشكەن «روھىي زېمىن»نى چىڭ تۇتۇپ، ئىبلىسنىڭ ساختا

تەلىم بەرگۈچىلەر ئارقىلىق يەتكۈزگەن ھىيلە-مىكرى ئالدىدا بۇ «زېمىن»نى قولدىن بەرمەسلىكىنى ئۆتۈنۈپ-جېكىلەيدۇ (بۇ تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ يالغان-ئالدامچىلىقلىرى «يۇھاننا (1)»دىكى كىرىش سۆز ۋە قوشۇمچە سۆزدە ئازراق تەسۋىرلىنىدۇ).

## خەتنىڭ مەزمۇنى: -

1. سالام (1-4-ئايەتلەر)
2. مېھىر-مۇھەببەتلىك ھايات (5-6-ئايەتلەر)
3. ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنى رەت قىلىش (7-11-ئايەتلەر)
4. ئاخىرقى سۆز (12-13-ئايەتلەر)

# يۇھاننا «2»

## «روسۇل يۇھاننا يازغان ئىككىنچى مەكتۇپ»

1 [2-1] مەنكى ئاقساقالدىن خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خانىمغا ۋە ئۇنىڭ
ئەزىز بالىلىرىغا سالام! مەن سىلەرنى ھەقىقەتتە سۆيىمەن ۋە
يالغۇز مەنلا ئەمەس، يەنە ھەقىقەتنى تونۇغانلارنىڭ ھەممىسى بىزدە
ياشاۋاتقان ۋە شۇنداقلا ئەبەدگىچە بىزگە يار بولىدىغان ھەقىقەتنى
دەپ سىلەرنى سۆيىدۇ. [3] خۇدائاتىدىن ۋە ئاتىنىڭ ئوغلى رەب ئەيسا
مەسىھتىن شاپائەت، رەھىم-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك سىلەرگە
ھەقىقەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە بولىدۇ!
[4] بالىلىرىڭىنىڭ ئارىسىدا بىز ئاتىدىن ئەمىر تاپشۇرۇۋالغاندەك
ھەقىقەتتە ماڭغانلارنى كۆرگىنىمدىن ئۇچۇن ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم.

---

2-1:1 «**مەنكى ئاقساقالدىن خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خانىمغا ۋە ئۇنىڭ ئەزىز بالىلىرىغا سالام!**» ــ «ئاقساقال» مۇشۇ يەردە «جامائەتنىڭ ئاقساقىلى» ياكى پەقەت «مەن قېرىدىن...» دېگەن مەنىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. «**خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خانىم**» ــ «خانىم» ھەقىقىي بىر ئايال خانىمنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، بولمىسا مەلۇم بىر جامائەتنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. «كىرىش سۆز»ىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك بىز ئۇنى ھەقىقىي مۆتىۋەر ئېتىقادچى خانىمنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.
—«ئەزىز بالىلىرى» دېگەن (1) جىسمانىي بالىلىرى؛ (2) «روھىي بالىلىرى»؛ (3) ھەم جىسمانىي ھەم روھىي بالىلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىز 3-پىكىرگە مايىلمىز («روھىي بالىلىرى» بولسا بۇ خانىمنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە ۋاستىسى بىلەن خۇدانىڭ يولىغا كىرگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. «كىرىش سۆز»ىمىزنى، 9-ئايەتنى، «3يۇھ.» 4-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ). «**مەنكى ئاقساقالدىن... سالام!**» ــ بارلىق خەتلىرىگە ئوخشاش، روسۇل يۇھاننا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىۋاستە كۆرسەتمەيدۇ.
3:1 «**رەھىم-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك سىلەرگە ھەقىقەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە بولىدۇ!**» ــ بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «رەھىم-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك بىزلەرگە ھەقىقەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە بولىدۇ!» دەپ پۈتۈلگەن.

## ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، ساختىلىقتىن ھېزى بولۇش

[5] ئەمدى، ھۆرمەتلىك خانىم، مەن سەندىن بىر-بىرىمىزگە مېھىر-
مۇھەببەت كۆرسىتەيلى، دەپ ئۆتۈنىمەن. مېنىڭ ساڭا يېزىپ
ئۆتۈنگىنىم يېڭى بىر ئەمر ئەمەس، بەلكى دەسلەپتىن تارتىپ
بىزدە بار ئەمردۇر [6] (مېھىر-مۇھەببەت شۇكى، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە
ئەمەل قىلىپ مېڭىشتۇر). مانا بۇ ئەمر سىلەر بۇرۇندىن تارتىپ
ئاڭلاپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە
تاپىلانغاندۇر. [7] چۈنكى نۇرغۇن ئالدامچىلار دۇنيانىڭ جاي-
جايلىرىدا چىقتى. ئۇلار ئەيسانىڭ دۇنياغا ئىنسانىي تەندە كەلگەن
مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇنداقلار دەل ئالدامچى ۋە
دەججالدۇر. [8] بىز ۋە ئۆزۈڭلار سىڭدۈرگەن ئەجرنى يوقىتىپ قويماي،
بەلكى تولۇق ئىنئامغا ئىگە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارغا ئاگاھ بول
ۇڭلار. [9] كىمكى مەسىھنىڭ تەلىمىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئۇنىڭدا چىڭ

---

**5:1** يۇھ. 13:34؛ 15:12؛ ئەف. 5:2؛ 1تېس. 4:9؛ 1پېت. 4:8؛ 1يۇھ. 2:7؛ 3:23؛ 4:21.

6:1 **«مانا بۇ ئەمر سىلەر بۇرۇندىن تارتىپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە تاپىلانغاندۇر»** — كۆزدە تۇتۇلغان ئەمر چوقۇم ئالدىنقى 5-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتەيلى».

**6:1** يۇھ. 15:10.

7:1 **«چۈنكى نۇرغۇن ئالدامچىلار دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدا چىقتى»** — نېمىشقا «چۈنكى» دەيدۇ؟ بىزنىڭچە 5-7-ئايەت بىلەن باغلىقتۇر. ئالدامچىلار، ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن ئالدىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىردىنبىر يول 5-7-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك خۇدانىڭ ھەمراھلىقىدا مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە ياشاشتۇر. **«ئۇلار ئەيسانىڭ دۇنياغا ئىنسانىي تەندە كەلگەن مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ»** — «ئىنسانىي تەندە» (ياكى «ئىنسان تېنىدە») گرېك تىلىدا «ئەتتە» بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا ئىنسان تېنىدە كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ».

**7:1** مات. 24:24، 5؛ 2پېت. 2:1؛ 1يۇھ. 4:1.

8:1 **«بىز ۋە ئۆزۈڭلار سىڭدۈرگەن ئەجرنى يوقىتىپ قويماي، بەلكى تولۇق ئىنئامغا ئىگە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار»** — «بىز ۋە ئۆزۈڭلار سىڭدۈرگەن ئەجر» بەلكىم يۇھاننا، شۇ خانىم ۋە ئۇنىڭ باللىرى بىلەن بىللە خۇدانىڭ يولىدا ئىشلەپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، باشقىلارنى خۇدانىڭ يولىغا باشلاش ئەجرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر ئۇلارنىڭ خۇدا ئۈچۈن چىقارغان مېۋىسىنى يوقاتماقچى، ئەلۋەتتە.

**تۇرمىسا، خۇدا ئۇنىڭغا ئىگە بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تەلىمىدە چىڭ**
**تۇرغۇچى بولسا، ئاتا ھەم ئوغۇل ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ. 10 ئەگەر بىرسى**
**ئۇنىڭ تەلىمىنى ئېلىپ كەلمەي سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەلسە، ئۇنى**
**ئۆيۈڭلارغا باشلىماڭلار ھەم ئۇنىڭغا سالاممۇ بەرمەڭلار. 11 چۈنكى**
**ئۇنداق ئادەمگە سالام بەرگەن كىشى ئۇنىڭ رەزىل ئەمەللىرىگە**
**شېرىك بولغۇچىدۇر.**
**12 سىلەرگە پۈتىدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى؛ لېكىن قەغەز**
**بىلەن سىياھنى ئىشلەتكەندىن كۆرە، خۇشاللىقىمىزنىڭ تولۇپ**
**تېشىشى ئۈچۈن يېنىڭلارغا بېرىپ دىدار كۆرۈشۈپ سۆزلىشىشنى**
**ئارزۇ قىلىمەن. 13 خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان ھەدەڭنىڭ بالىلىرىدىن**
**ساڭا سالام!**

---

9:1 **«كىمكى مەسىھنىڭ تەلىمىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرمىسا، خۇدا ئۇنىڭغا ئىگە بولمايدۇ»** — «تەلىمدىن ھالقىپ چىقىپ» گرېك تىلىدا «ئىلگىرى بېسىپ» دېگەن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بىر ھەجۋىي گەپتۇر. مەسىھنىڭ تەلىمىدىن ھېچقانداق سۆز-ئىدىيىلەر «ئىلگىرى تۇرمايدۇ»، ئەلۋەتتە. مەسىھنىڭ تەلىمىدىن ھالقىپ ھەرقانداق باشقا سۆز-ئىدىيىلەرگە ئۆتۈش ھېچقانداق «ئىلگىرىلەش» ئەمەستۇر، ئەلۋەتتە. **«لېكىن ئۇنىڭ تەلىمىدە چىڭ تۇرغۇچى بولسا، ئاتا ھەم ئوغۇل ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ»** — «مەسىھنىڭ تەلىمى... ئۇنىڭ تەلىمى...» — ھەم مەسىھ ئۆزى بەرگەن تەلىم ھەم روسۇللار ئۇنىڭ توغرۇلۇق بەرگەن تەلىمنىمۇ تەڭ كۆرسىتىدۇ.

10:1 **«ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ تەلىمىنى ئېلىپ كەلمەي سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەلسە، ئۇنى ئۆيۈڭلارغا باشلىماڭلار ھەم ئۇنىڭغا سالاممۇ بەرمەڭلار»** — «ئۇنىڭ تەلىمى» گرېك تىلىدا «مۇشۇ تەلىم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ ئۇ «مەسىھنىڭ تەلىمى». 9-ئايەتنى كۆرۈڭ. **«ئۇنى ئۆيۈڭلارغا باشلىماڭلار ھەم ئۇنىڭغا سالاممۇ بەرمەڭلار»** — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى «سالام» (ئىبرانىي تىلىدا «شالوم»، گرېك تىلىدا «خائىر») دېگەن سۆز «ساڭا تىنچ-خاتىرجەملىك تىلەيمەن» دېگەن مەنىدە. شۇڭا مۇشۇنداق ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرگە «سالام» ئېيتىشقا بولمايدۇ. يۇھاننانىڭ بۇ دېگىنى ئۇلارغا ئەدەپسىزلىك قىلىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە، بەلكى ئۇلارغا سالام بېرىشنىڭ ئورنىغا ساختا تەلىمى ئۈچۈن تەنبىھ بېرىشكىلارغا توغرا كېلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

**10:1** رىم. 17:16؛ 2تىم. 5:3؛ تىت. 10:3.

11:1 **«چۈنكى ئۇنداق ئادەمگە سالام بەرگەن كىشى ئۇنىڭ رەزىل ئەمەللىرىگە شېرىك بولغۇچىدۇر»** — «سالام» توغرۇلۇق يۇقىرىقى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

13:1 **«خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان ھەدەڭنىڭ بالىلىرىدىن ساڭا سالام!»** — «ھەدەڭنىڭ

# قوشۇمچە سۆز

## بىز نېمە ئۈچۈن «خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خانىم»نى مەلۇم بىر جامائەتنىڭ سىمۋولى ئەمەس، بەلكى رەبگە تەۋە بولغان ھەقىقىي بىر ئايال قېرىنداش (ئاچا ياكى سىڭىل)، دەپ قارايمىز؟

بەزىلەر «روسۇل بولغان بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق تەنھا تۇرغان تۇل خوتۇنغا شۇنداق بىر خەتنى يېزىشى مۇمكىن ئەمەس»، دەپ قارايدۇ (يۇھاننا ئۇنىڭ باللىرىنى تىلغا ئالىدۇ، لېكىن يولدىشىنى ھېچ تىلغا ئالمايدۇ، شۇڭا ئۇنى ياكى ئېرىدىن جۇدا بولغان ياكى يولدىشى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن، دەپ ئويلايمىز). مۇشۇنداق پىكىردە بولغان ئالىملار مۇشۇ «خانىم»نى ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىر ئېتىقادچى جامائەتنىڭ سىمۋوللۇق نامى، دەپ قارايدۇ. بۇ كۆزقاراش بويىچە «خانىمنىڭ باللىرى»مۇ باشقا مەنىدە بولۇشى كېرەك، يەنى بۇ جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق خۇدانىڭ يولىغا كىرگەنلەرنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك.

لېكىن يۇھاننانىڭ شۇنداق خۇدادىن قورقىدىغان ئىخلاسمەن ئايالغا خەت يېزىشىنىڭ نېمە يامىنى باردۇ؟ ئۇ رەببىمىزنىڭ بىر «ئەرزىمەس» سامارىيەلىك ئايالنى ئېتىقادقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى بارلىق قائىدە-يوسۇنلارنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمەسمۇ؟ («يۇھ.» 4-باب). دۇنيادىكى جامائەتلەر ئىچىدە ئەركەك قېرىنداشلارنىڭ جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى تاشلاپ، جامائەتنىڭ ئىشلىرىنى ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلارنىڭ قولىغا، ئۇلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ قويىدىغان ئەھۋاللار يوقمۇ؟ ۋە شۇنداق ئەھۋاللاردا مۇشۇ ئاچا-سىڭىللىرىمىز ئەمەلىيەتتە بەزىدە ئىنتايىن بەلەن قىلمامدۇ؟ ۋە شۇنداق ئەھۋاللاردا ئەتراپىدا تۇرغان، يېشى چوڭراق ئاكىلارنىڭ (خۇدانىڭ قوي پادىسىنى باققۇدەك قەلبى بار بولسا ۋە شۇنداقلا قولىدىن كەلسە) مۇشۇ ئاچا-سىڭىللاردىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار ئەمەسمۇ؟ (شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ جامائەتتىكى ئەركەكلەرنى ھەقىقىي ئەر كىشى بولۇشقا ئۈرۈندىن قوپۇشقا قوزغايدىغان رولىمۇ بار، ئەلۋەتتە).

---

باللىرى» روسۇل يۇھاننا تۇرغان جايدىكى جامائەتتىكى ئېتىقادچىلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

بىزنىڭچە مۇقەددەس يازمىلارغا شەرھ بېرىشتىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ شۇكى، ئالدى-كەينىدىكى سۆزلەردىن باشقا بىرەر كۆچمە ياكى تەمسىللىك مەنە چىقىپ تۇرمىغان ئەھۋالدا، ھەربىر تېكىستنى سۆز يۈزىدىكى ئەڭ ئاددىي مەنىدە، سۆزمۇسۆز چۈشىنىشىمىز كېرەك. دەرۋەقە، كۆپ تېكىستلەر كۆچمە مەنىدە ياكى تەمسىللىك خاراكتېرىدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن مەلۇم تېكىستنى «كۆچمە مەنىدە» ياكى «تەمسىل سۈپىتىدە» چۈشىنىشىمىز كېرەك، دەپ قارايدىغانلار بار بولسا، ئۇلار مۇشۇ كۆزقاراشقا ئىسپات كەلتۈرۈشى كېرەكتۇر. بولمىسا، ھەربىر تېكىستنىڭ سۆزلىرىنى ئاددىي، ئادەتتىكى مەنىدە چۈشىنىشىمىز لازىمدۇر. بۇ خەتتىكى «خانىم»نىڭ كۆچمە مەنىسى بار بولغان ئىسپاتى قېنى؟ ئەمەلىيەتتە، ئەكسىچە پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلار ئىچىدە مەلۇم بىر جامائەتنى ئىخلاسمەن بىر ئايال كىشىگە ئوخشىتىدىغان بىرمۇ مىسال تاپالمايمىز. يۇھاننانىڭ «ئۈچىنچى مەكتۇپى» مەلۇم بىر شەخسكە (يەنى گايۇسقا) يېزىلغان يەردە، نېمىشقا ئىككىنچى خەتنى مەلۇم بىر شەخسكە قارىتىپ يېزىلغان، دېيىشكە بولمايدۇ؟

بىز بۇ خەتتىكى نامسىز «خانىم»غا ئوخشاش بىرنەچچە ئىخلاسمەن ئۇلۇغ ئايالنى تونۇشقا نېسىپ بولدۇق. ئۇلار  بەزىدە ھەرقانداق جامائەتنىڭ ئالاقىسىدىن يىراق تۇرۇپ يالغۇز، تەنھا ئەھۋالدا بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە بولغان تەسىرى خېلى كۈچلۈك، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەرگە خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىش ۋاستىچىسى ۋە كېيىن ئۇلارغا «روھىي ئانا» بولغان. ئۇلار قەدىمكى زاماندا ئۆزى توغرۇلۇق «ئىسرائىل ئۈچۈن بىر ئانىمەن» دېگەن دەبوراھ ئىسىملىك ئايال پەيغەمبەرگە ئوخشاش بولغان («ھاك.» 7:5). تەجرىبىمىز بويىچە مۇشۇنداق ئاياللار ئارقىلىق مەسىھكە كەلگەنلەر كېيىن ئۇلارغا نىسبەتەن تەبىئىي ھالدا «مېنىڭ باللىرىم» بولۇپ قالىدۇ. بىزگە تونۇش بولغان ئىخلاسمەن تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ھەربىر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خۇش خەۋەرچى ياكى تەلىم بەرگۈچى ياش يىگىتكە ئوچۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ھەربىر ياش مېھمان تەبىئىي ھالدا «مېنىڭ باللىرىمنىڭ بىرى» بولۇپ قالدى (تەرجىمان ئۆزى «ئون ئىككىنچى ئوغلۇم» ئىدى). ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلى ئىخلاسمەن ئادەملەر بولغاچقا، شۇ ئەھۋالدىن ھېچ ئاغرىنمىغان. گەرچە «باللىرىم»نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى، غەمخورلۇقى ۋە دۇئا-تىلاۋەتلىرىنىڭ بىر ئوبيېكتى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىككى

ئوغلى «بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر ئانىمىز بار» دەپ پەخىرلىنەتتى.

شۇ سەۋەبتىن بىز ھېچ ئىككىلەنمەي، روسۇل يۇھاننانىڭ «سىنىڭ باللىرىڭ» دېگىنىدە بۇ خانىمنىڭ ھەم جىسمانىي ھەم روھىي باللىرىنىمۇ كۆرسىتىشى كېرەك، دەيمىز. چۈنكى ئۇنداق تەقۋادار ھۆرمەتلىك بىر خانىم ھېچ باشقىچە بولمايتتى.

## روسۇل يۇھاننا جېكىلىمىگەن بىر ئىش توغرۇلۇق

شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، يۇھاننا بۇ تەقۋادار خانىمدىن بۇ تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ ساختا تەلىملىرىگە ئۇزى رەددىيە قىلىشنى ئۆتۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆتۈنگىنى پەقەت ئۇلاردىن ھېزى بولۇش، ئۇلار بىلەن باردى-كەلدى قىلماسلىق ۋە ئۇلارنى ئۆز ئۆيىدە قوبۇل قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ئەلۋەتتە، ساختا تەلىملەرگە رەددىيە بېرىش كېرەك ۋە خۇدا خىزمەتكارلىرىنىڭ بەزىلىرىگە مۇشۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرىدۇ؛ ھەتتا بەزىلەرنىڭ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنى ئالدامچىلىقتىن چىقىرىپ قۇتقۇزۇش خىزمىتىمۇ باردۇر. لېكىن بۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنى خۇدا بارلىق مۆمىن بەندىلىرىنىڭ ھەممىسىگىلا تاپشۇرغان ئەمەس؛ چۈنكى ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر خەتەرلىك ۋە ھىيلىگەر شەخسلەردۇر. يۇھاننا ئەفەسۇسقا كېلىشتىن ئىلگىرى، پاۋلۇسنىڭ ياردەمچىسى بولغان تىموتىي شۇ يەردە شۇنداق خىزمەتتە بولغانىدى («1تىم» 1:3-4، 16:4، «2تىم» 2:14-26).

# ئىنجىل 25-قىسىم

# «يۇھاننا 3-مەكتۇپ»

## «روسۇل يۇھاننا يازغان ئۈچىنچى مەكتۇپ»

## كىرىش سۆز

بۇ قىسقا خەتنىڭ مۇئەللىپى روسۇل يۇھاننا. خەت ئۆزى جامائەتتىكى گايۇس ئىسىملىك بىر قېرىنداشقا يېزىلغاندۇر. خەتكە قارىغاندا، گايۇس «كىچىك ئاسىيا» (ھازىرقى تۈركىيە) دىكى مەلۇم بىر جامائەتكە مەسئۇل بىر يېتەكچى ئىدى. بىزنىڭچە بىرنەچچە يىل بۇرۇن روسۇل يۇھاننا گايۇسنىڭ ئېتىقاد يولىغا كىرىشىنىڭ ۋاستىچىسى بولغانىدى (چۈنكى ئۇ بىر قېتىم گايۇسقا «مېنىڭ باللىرىم»دىن بىرىنىڭ سۈپىتىدە سۆز قىلىدۇ (4-ئايەت)).

خەتنى يېزىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: — بىرنەچچە قېرىنداش يۇھاننا خىزمەت قىلىۋاتقان جامائەتنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان جامائەتلەر ئارىسىدىن چىقىپ، خۇش خەۋەرنى تارقىتىشقا يول ئالغانىدى. ئۇلار بىرىنچى قېتىم سەپەر قىلغاندا گايۇس ۋە ئۇ خىزمەت قىلىۋاتقان جامائەتتىكىلەرگە يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇلار تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنغان. يۇھاننانىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە ئۇلار تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا ۋە جامائەتتىكىلەرگە گايۇسنىڭ مېھماندوستلۇقى، شۇنداقلا سەپىرىگە ياردەم بەرگەنلىكى توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بەرگەن.

ئۇلار ھازىر يەنە بىر قېتىملىق «خۇش خەۋەر تارقىتىش سەپىرى» ئۈچۈن يولغا چىقماقچى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇھاننا ئۇشبۇ خەتنى يېزىپ ئۇلارغا: «گايۇسنىڭ يۇرتىدىن ئۆتكىنىڭلاردا ئۇنىڭغا بۇنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ تاپىلىغانىدى. خەتنىڭ مەقسىتى

گايۇستىن بۇ قېرىنداشلارنىڭ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يەنە بىر قېتىم ياردەم بېرىشكە ئۈتۈنۈش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. دېمىسەكمۇ، خەت ھەممىمىزنى خۇش خەۋەر خىزمىتىدە «يولغا چىققان» قېرىنداشلىرىمىزغا ئوخشاشلا ياردەم بېرىشكە جېكىلەيدۇ.

شۇ قېرىنداشلار ئىچىدە بەلكىم گايۇس تونۇمايدىغان بىرى، يەنى دېمېترىئۇس ئىسىملىك قېرىنداش بار ئىدى (12-ئايەت) ۋە خەت ئۇنىڭغا دېمېترىئۇسنى تەۋسىيە قىلىپ تونۇشتۇرىدۇ. دېمېترىئۇس بۇ «خۇش خەۋەر ئەترىتى»نىڭ مەسئۇلىمۇ؟

خەت گايۇسقا يەنە دىئوترەپەس دېگەن بىرسى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرىدۇ. دىئوترەپەس بولسا گايۇس تۇرغان جايغا يېقىن يۇرتتىكى باشقا بىر جامائەت ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بىر كىشى بولسا كېرەك. يۇھاننانىڭ دىئوترەپەس توغرۇلۇق ئەرزى دىئوترەپەسنىڭ «ساختا تەلىمچى» ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، جامائەت ئۈستىگە ھوقۇقۋازلىق قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى، بىركىم توۋا قىلماي ھاكاۋۇرلىشىۋەرسە، ئاخىر بېرىپ ساختا تەلىم بېرىشكە باشلايدۇ. سەۋەبى، ھاكاۋۇر كىشى ھامان ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكى ئۈچۈن باھانە ئىزدەپ ھەقىقەتنى بۇرمىلايدىغان بولىدۇ. ئىبلىسنىڭ ئۆزى ئەسلىدە شۇنداق ھاكاۋۇرلىشىشى بىلەن ئاخىرىدا بۇگۈنكى يالغانچى ھالىتىدە قالغان ئەمەسمۇ؟

## خەتنىڭ مەزمۇنى: -

1. دۇئايىسالام (1-4-ئايەتلەر)
2. گايۇسنى تەرىپلەش (5-8-ئايەتلەر)
3. دىئوترەپەسنىڭ قىلمىشلىرى (9-11-ئايەتلەر)
4. دېمېترىئۇسنى تەرىپلىش (12-ئايەتلەر)
5. ئاخىرقى سۆز (13-15-ئايەتلەر)

# يۇھاننا «3»

## «روسۇل يۇھاننا يازغان ئۈچىنچى مەكتۇپ»

1 [1] مەنكى ئاقساقال ئۆزۈم ھەقىقەتتە سۆيگەن سۆيۈملۈك گايۇسقا
سالام! [2] ئى سۆيۈملۈك دوستۇم، جېنىڭ گۈللەنگەندەك، ھەممە
ئىشلىرىڭنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە تېنىڭنىڭ سالامەت بولۇشىغا
تىلەكداشمەن. [3] قېرىنداشلار كېلىپ، سەندە بولغان ھەقىقەت
توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بەرگەندە، مەن ئىنتايىن بەك خۇشاللاندىم؛
چۈنكى سەن ھەقىقەتتە داۋاملىق مېڭىۋاتىسەن. [4] ماڭا نىسبەتەن،
ئەزىز باللىرىمنىڭ ھەقىقەتتە مېڭىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاشتىنمۇ چوڭ
خۇشاللىق يوقتۇر.

## خۇش خەۋەر خىزمىتىدە بولىدىغانلارغا ياردەم بېرىش

[5] سۆيۈملۈك دوستۇم، يېنىڭغا بارغان قېرىنداشلارغا (گەرچە
ئۇلار ساڭا ناتونۇش بولسىمۇ) قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىدە
ئىخلاسمەنلىكىڭ ئىسپاتلىنىدۇ. [6] ئۇلار جامائەت ئالدىدا سېنىڭ

---

2:1 «ئى سۆيۈملۈك دوستۇم، جېنىڭ گۈللەنگەندەك، ھەممە ئىشلىرىڭنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە تېنىڭنىڭ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشمەن» — «جېنىڭنىڭ گۈللەنگەندەك...»: — دېمەك، گايۇسنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىنتايىن باي، روھىي بايلىقلىرى ناھايىتى كۆپ.
—بۇ ئايەتكە قارىغاندا، خۇدانىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە بولغان ئىرادىسىنى ئومۇمەن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ ساغلام بولۇشى، دېگىلى بولىدۇ.
3:1 «سەندە بولغان ھەقىقەت توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بەرگەندە،...» — ياكى «سېنىڭ توغرالىقىڭدە ھەقىقەت بويىچە گۇۋاھلىق بەرگەندە،...».
4:1 «ماڭا نىسبەتەن، ئەزىز باللىرىمنىڭ ھەقىقەتتە مېڭىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاشتىنمۇ چوڭ خۇشاللىق يوقتۇر» — «ئەزىز باللىرىم»: — بۇ ئايەتتىن بىزگە روشەنكى، گايۇس (بەلكىم خېلى بۇرۇنلا) روسۇل يۇھاننا ئارقىلىق خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ «ئەزىز باللىرى»دىن بىرى بولۇپ قالغان.
5:1 «سۆيۈملۈك دوستۇم، يېنىڭغا بارغان قېرىنداشلارغا گەرچە ئۇلار ساڭا ناتونۇش

**بۇ مېھىر-مۇھەببىتىڭ توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەردى. ئۇلارنى يەنە خۇدانىڭ يولىغا لايىق سەپىرىگە ئۇزىتىپ قويساڭ، ياخشى قىلغان بولىسەن. [7] چۈنكى ئۇلار سەپەردە يات ئەللىك ئېتىقادسىزلاردىن ھېچ نېمە ئالماي، شۇ مۇبارەك نام ئۈچۈن يولغا چىقتى. [8] شۇڭا، ھەقىقەت بىلەن خىزمەتداش بولۇپ تەڭ ئىشلىگۈچى بولۇش ئۈچۈن بىز شۇنداقلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.**

---

**بولسىمۇ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىدە ئىخلاسمەنلىكىڭ ئىسپاتلىنىدۇ»** ــ بۇ قېرىنداشلار جامائەتلەرگە تەسەللى-رىغبەت يەتكۈزۈش، تەلىم بېرىش ۋە خۇش خەۋەرنى تارقىتىش ئۈچۈن ياقا يۇرتلارغا چىققان. 7-ئايەتنى كۆرۈڭ.

6:1 **«ئۇلار جامائەت ئالدىدا سېنىڭ بۇ مېھىر-مۇھەببىتىڭ توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەردى»** ــ «جامائەت» مۇشۇ يەردە مۇئەللىپنىڭ ئۆز جامائىتىنى كۆرسەتسە كېرەك. **«ئۇلارنى يەنە خۇدانىڭ يولىغا لايىق سەپىرىگە ئۇزىتىپ قويساڭ، ياخشى قىلغان بولىسەن»** ــ «ئۇلارنى ... سەپىرىگە ئۇزىتىپ قويساڭ...»: ــ بۇ ئايەتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ قېرىنداشلار خۇش خەۋەرنى تارقىتىشقا چىققاندا، بۇرۇن بىر قېتىم گايۇس تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يۇھاننانىڭ، شۇنداقلا ئۆز جامائىتىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى، گايۇس توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بەردى. ئۇلار ھازىر قايتىدىن سەپەرگە چىققان، يۇھاننا گايۇسقا يازغان ئۇشبۇ خەتنى بەلكىم سەپەرگە چىققانلار گايۇسقا تاپشۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

7:1 **«چۈنكى ئۇلار سەپەردە يات ئەللىك ئېتىقادسىزلاردىن ھېچ نېمە ئالماي، شۇ مۇبارەك نام ئۈچۈن يولغا چىقتى»** ــ «يات ئەللىك ئېتىقادسىزلار» مۇشۇ يەردە «يات ئەللىكلەر» ياكى «يات ئەللەر» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ سۆز «يەھۇدىي بولمىغان ئەللەر»نى كۆرسىتىدۇ، لېكىن مۇشۇ يەردە «ئېتىقادسىزلار» دېگەن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

—«شۇ مۇبارەك نام ئۈچۈن» ــ گرېك تىلىدا پەقەت «نام» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ چۈنكى يۇھاننا ۋە شۇ قېرىنداشلار ئۈچۈن پەقەت بىرلا نام مەۋجۇت ئىدى (يەنى بىردىنبىر مەسىھنىڭ نامىدۇر). مەسىلەن، «1يۇھ.» 12:2نىمۇ كۆرۈڭ).

8:1 **«شۇڭا، ھەقىقەت بىلەن خىزمەتداش بولۇپ تەڭ ئىشلىگۈچى بولۇش ئۈچۈن بىز شۇنداقلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.»** ــ «ھەقىقەت بىلەن خىزمەتداش بولۇپ تەڭ ئىشلىگۈچى بولۇش ئۈچۈن» ــ بۇنىڭغا قارىغاندا «ھەقىقەت» دېگەن ئىبارە «ھەقىقەتنىڭ روھى»، يەنى مۇقەددەس روھنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

—«قوللاپ-قۇۋۋەتلەش» ــ گرېك تىلىدا «قوبۇل قىلىش» دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئۆيدە كۈتۈۋېلىشنى چوقۇم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

—«بىز شۇنداقلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ» ــ بۇ ئايەتتىكى «بىز» شۈبھىسىزكى، بارلىق ئېتىقادچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

9 بۇ توغرۇلۇق جامائەتكە مەكتۇپ يازدىم. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، جامائەتكە باش بولۇش تەمەسىدە بولغان
دىئوترەپەس بىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. 10 شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بارغاندا،
ئۇنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى، يەنى ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن
قىلغان رەزىل سۆزلىرى بىلەن غەيۋەتنى يۈزىگە سالىمەن؛ ئۇ
ئۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ، يەنە سەپەردىكى قېرىنداشلارنى
قوبۇل قىلمايلا قالماي، قوبۇل قىلماقچى بولغانلارنىمۇ توسىدۇ ۋە
ھەتتا ئۇلارنى جامائەتتىن قوغلاپ چىقىرىۋاتىدۇ.
11 ئى سۆيۈملۈك دوستۇم، يامانلىقتىن ئەمەس، ياخشىلىقتىن ئۈلگە
ئالغىن. ياخشىلىق قىلغۇچى خۇدادىندۇر. يامانلىق قىلغۇچى
خۇدانى ھېچ كۆرمىگەندۇر.
12 دېمېترىئۇسنى بولسا ھەممەيلەن، ھەتتا ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ياخشى
گۇۋاھلىق بېرىپ تەرىپلەيدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە
گۇۋاھلىقىمىزنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن.

---

9:1 **«بۇ توغرۇلۇق جامائەتكە مەكتۇپ يازدىم. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، جامائەتكە باش بولۇش تەمەسىدە بولغان دىئوترەپەس بىزنى قوبۇل قىلمايدۇ»** — روشەنكى، بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «جامائەت» يۇھاننا ياكى گايۇس بىلەن مۇناسىۋەتلىك جامائەت ئەمەس، بەلكى گايۇس تۇرغان يۇرتقا يېقىن جايلاشقان بىر جامائەت ئىدى.

10:1 **«شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بارغاندا، ئۇنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى، يەنى ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن قىلغان رەزىل سۆزلىرى بىلەن غەيۋەتنى يۈزىگە سالىمەن»** — «يۈزىگە سالىمەن» گرېك تىلىدا «ئەسلىتىمەن» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يۇھاننا بۇ يامانلىقنى دىئوترەپەستىن باشقا ھېچكىمگە ئەسلەتمەيدۇ! **«ئۇ ئۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ، يەنە سەپەردىكى قېرىنداشلارنى قوبۇل قىلمايلا قالماي...»** — بۇ «قېرىنداشلار» يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خۇش خەۋەرنى تارقىتىش ئۈچۈن يولغا چىققان قېرىنداشلاردۇر. **«... قېرىنداشلارنى قوبۇل قىلمايلا قالماي، قوبۇل قىلماقچى بولغانلارنىمۇ توسىدۇ ۋە ھەتتا ئۇلارنى جامائەتتىن قوغلاپ چىقىرىۋاتىدۇ»** — دىئوترەپەسنىڭ جامائەتكە ئاقساقال بولغان-بولمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئىشقىلىپ جامائەت ئىچىدە خېلى تەسىرى بار ئادەم بولسا كېرەك.

**11:1** زەب. 27:37؛ يەش. 16:1؛ 1پېت. 11:3؛ 1يۇھ. 6:3.

12:1 **«دېمېترىئۇسنى بولسا ھەممەيلەن، ھەتتا ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ياخشى گۇۋاھلىق بېرىپ تەرىپلەيدۇ»** — مۇمكىنچىلىكى باركى، دېمېترىئۇسنىڭ ئۆزى يۇھاننانىڭ يېنىدىن يولغا چىققان «خۇش خەۋەرچى قېرىنداشلار»نىڭ بىرى (ھەتتا ئۇلارنىڭ باشلىقى) ئىدى.

[13] ساڭا يازىدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى؛ لېكىن قەلەم بىلەن
سىياھنى ئىشلەتكەندىن كۆرە، [14] سەن بىلەن پات ئارىدا دىدار
كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىمەن؛ شۇ چاغدا دەرقەمدە سۆزلىشىمىز. [15] ساڭا
خاتىرجەملىك يار بولغاي! دوستلاردىن ساڭا سالام. سەنمۇ ئۇ يەردىكى
دوستلارغا ئىسىم-فامىلىلىرى بويىچە مەندىن سالام ئېيتقايسەن.

—«ھەقىقەتنىڭ ئۆزى... گۇۋاھلىق بېرىدۇ» ــ بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە «ھەقىقەت» شۈبھىسىزكى، «ھەقىقەتنىڭ روھى»، يەنى مۇقەددەس روھنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، مۇقەددەس روھ بىلەن تولغان ھەربىر كىشى دېمېترىئۇس بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزىنىڭ روھىدا دېمېترىئۇسنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق مۇقەددەس روھتىن بولغان گۇۋاھلىقى بولىدۇ. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.
—«ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن» ياكى «ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى سىلەرنىمۇ بىلىسىلەر».

13:1 **«لېكىن قەلەم بىلەن سىياھنى ئىشلەتكەندىن كۆرە، ...»** ــ گرېك تىلىدا «لېكىن سىياھ ۋە قەلەمنى ئىشلەتكەندىن كۆرە، ...» دېيىلىدۇ.

13:1 2يۇھ. 12.

15:1 **«ساڭا خاتىرجەملىك يار بولغاي! دوستلاردىن ساڭا سالام»** ــ «دوستلار» يۇھاننانىڭ يېنىدىكى بارلىق قېرىنداشلارنى كۆرسەتسە كېرەك. يۇھاننا «سېنىڭ دوستلىرىڭ» ياكى «مېنىڭ دوستلىرىم» دېمەيدۇ. ھەقىقىي قېرىنداش بولسا ھەربىر باشقا قېرىنداشقا، يەنى خۇدانى سۆيگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە دوستتۇر. **سەنمۇ ئۇ يەردىكى دوستلارغا ئىسىم-فامىلىلىرى بويىچە مەندىن سالام ئېيتقايسەن»** ــ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، «دوستلار» مۇشۇ يەردە گايۇسنىڭ يېنىدىكى بارلىق قېرىنداشلارنى كۆرسىتىدۇ.

# قوشۇمچە سۆز

(12:1) «دېمېترىئۇسنى بولسا ھەممەيلەن، ھەتتا ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ياخشى گۇۋاھلىق بېرىپ تەرىپلەيدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە گۇۋاھلىقىمىزنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن».

بۇ ئايەتتىكى «ھەقىقەتنىڭ ئۆزى (دېمېترىئۇس توغرۇلۇق) ... گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېگەن قىزىق ئۇچۇرنى ئوقۇغاندا بەزى ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

ئاز بولمىغان ئالىملار بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۇستىدە پەقەت: —

«دېمېترىئۇس ھاياتىنى ھەقىقەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ھەربىر كۆز ئىگىسى ئۇنىڭدا شۇنداق يولدا نامايان بولغان ھەقىقەت ئارقىلىق ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ» دەيدۇ.

گەرچە بۇ بايانىنى راست (ۋە شۇنداقلا يۇھاننانىڭ كۆرسەتكەن مەنىسى شۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دەپ ئېتىراپ قىلساقمۇ، يۇھاننانىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىنىڭ ئاددىي ۋە تولۇق مەنىسى بولسا: - ھەقىقەت شەخس سۈپىتىدە شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دەپ قارايمىز. شۇ شەخس بولسا مۇقەددەس روھتۇر، يەنى بارلىق خۇدانى سۆيگۈچىلەردە ماكان تۇتقان «ھەقىقەتنىڭ روھى»دىن باشقا ھېچكىم ئەمەستۇر. دەرۋەقە بىز «1يۇھ.» 6:5دە «بۇ ئىشلارغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى بولسا روھتۇر، چۈنكى روھ ئۆزى ھەقىقەتتۇر» دەپ ئوقۇيمىز.

ئەمدى كىم روھنىڭ شۇنداق گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىيالايدۇ، چۈشىنەلەيدۇ؟ دەل شۇ روھقا تولدۇرۇلغانلار ئەمەسمۇ؟ «1يۇھ.» 10:5دە مۇقەددەس روھ مەڭگۈلۈك ھايات توغرۇلۇق بۇ ھايات ئىگىلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دېيىلىدۇ. روسۇل پاۋلۇس بىزگە «رىم.» 16:8دە ئوخشاش خەۋەرنى ئېيتىدۇ. ئاخىرقى شۇ ئايەتتە يەنە، مۇقەددەس روھنىڭ ئىنسانلارغا خۇدانىڭ گۇۋاھلىقىنى يەتكۈزۈشى ئۇلارنىڭ ئىنسانىي روھى ياكى ۋىجدانى ئارقىلىق بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلىدۇ («رىم.» 16:8نىمۇ كۆرۈڭ).

شۇڭا خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى تەرىپىدىن كەلگەن، جامائەتكە بىۋاستە يەتكۈزۈپ ئاتا قىلىنىدىغان گۇۋاھلىق بار دەپ ئىشىنىمىز. بۇ گۇۋاھلىق ھېچ بولمىغاندا بەزى ئەھۋالدا خۇدانى ھەقىقىي سۆيگەن ئادەملەر توغرۇلۇق بېرىلىدۇ، ۋە ھەتتا دائىم بېرىلىشى مۇمكىن. ئۆزىمىزنىڭ تۇيغۇن، سېزىمچان بولماسلىقىمىز ۋە گالللىقىمىز تۈپەيلىدىن بۇ گۇۋاھلىقنى سەزمەي قېلىشىمىز مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئادەملەر بىلەن باردى-كەلدى قىلغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى يورۇش-تۇرۇشى ئارقىلىق ھامان بىلىنىدۇ (رەببىمىزنىڭ: «ئۇلارنى (يەنى ساختا ياكى ھەقىقىي پەيغەمبەرلەرنى) ئۆزلىرى چىقارغان مېۋىسىدىن پەرق ئېتەلەيسىلەر» دېگىنىدەك؛ «مات.» 20:7نى كۆرۈڭ). ھالبۇكى، بەزى ئەھۋاللاردا (بولۇپمۇ بىرسى جامائەتتىكى قېرىندىشى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغىنىدا) خۇدانىڭ ئاۋازىنى بىۋاستە ئاڭلاش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن. كىم بىسلۇن، يۇھاننانىڭ دېمېترىئۇسقا قاراتقان بۇ تەرىپلەيدىغان گۇۋاھلىقى بىرسىنىڭ دېمېترىئۇسنىڭ ئۈستىدىن قىلغان سەۋەبسىز بىرەر ئەرزىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈنمۇ تېخى؟

بۇنداق روھىي گۇۋاھلىقنى ئاڭلاش روسۇل پاۋلۇس ئېيتقان «روھلارنى پەرق ئېتىش» دېگەن روھىي ئىلتىپات بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر («1كور.» 10:12). بۇ ئىلتىپات پەقەت يامان روھلارنىڭ (جىنلارنىڭ) ھەرىكەتلىرى (بار بولسا)نى پەرق ئېتىش بولۇپلا قالماي، بەلكى بەزىدە مەلۇم ئىنساننىڭ تۈپ ماھىيىتىنى (رەزىل بولسۇن، پەزىلەتلىك بولسۇن)، يەنى ئۇنىڭ روھى ئىچىدە نېمە دۇنيا بار ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

# ئىنجىل 26-قىسىم

# روسۇل يەھۇدا يازغان مەكتۇپ

## كىرىش سۆز

بۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى يەھۇدا ئۆزىنى بىرىنچىدىن «ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى»، ئاندىن «ياقۇپنىڭ ئىنىسى» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. يەھۇدىيلار ئارىسىدا «يەھۇدا» دېگەن ئىسىم ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، شۇڭا سالاھىيىتىنى ئېنىقلاش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۆزىنى «ياقۇپنىڭ ئىنىسى» دەپ تونۇشتۇرغان ئۇشبۇ خەتنىڭ مۇئەللىپىنى جىسمانىي جەھەتتىن ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنىسى دەپ بىلىمىز. چۈنكى بىز «ياقۇپ يازغان مەكتۇپ»تىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدە كۆرسەتكىنىمىزدەك، ياقۇپمۇ مەسىھنىڭ ئىنىسى ئىدى (ياقۇپ ھەم يەھۇدا ھەر ئىككىسى «مات.» 55:13دە تىلغا ئېلىنغان).

قىزىق يېرى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ مەسىھ بىلەن بولغان ئاكا-ئىنىلىق مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئالمايدۇ — پەقەت ئۆزىنى «ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىش شۇنى بىزگە ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، بىزنىڭ مەلۇم «روھىي كىشى» بىلەن، ھەتتا رەببىمىزنىڭ ئۆزى بىلەن جىسمانىي مۇناسىۋىتىمىز بولسىمۇ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا بۇ ھېچنەرسە ھېسابلانمايدۇ. خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىش ئۈچۈن ھەربىرىمىز ئېتىقاد ئارقىلىق «قايتىدىن تۇغۇلۇش» ياكى «خۇدادىن تۇغۇلۇش»ىمىز زۆرۈردۇر.

مۇئەللىپىنىڭ بۇ خەتنى قەيەردىكى ئېتىقادچىلارغا يازغانلىقى ئېنىق ئەمەس؛ لېكىن مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇ ئۇشبۇ خەتنى روسۇل پېترۇسمۇ خەت يازغان «پونتۇس، گالاتىيا، كاپادوكىيا، ئاسىيا ۋە بىتىنىيە ئۆلكىلىرىدە ياشاۋاتقان» ئوقۇرمەنلەرگە يازغان بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ بۇ پىكرگە مايىل بولۇشىمىزدىكى

سەۋەب ئۇشبۇ خەتنىڭ مەزمۇنى پېترۇس يازغان ئىككىنچى خەتكە بەك يېقىن بولۇپ، ئۇ بىرنەچچە جايدا پېترۇسنىڭ خېتىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئىككى خەتنىڭ بىر-بىرىدىن چوڭ بىر پەرقى بار. روسۇل پېترۇس «ئىككىنچى خېتى»دە ئوقۇرمەنلەرگە ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر توغرۇلۇق بېشارەت بېرىپ ئاگاھلاندۇرىدۇ؛ يەھۇدا خېتىدە، بۇ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر ئالللقاچان جامائەتلەرگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان دەپ ئاگاھ بېرىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى تېخىمۇ ئېنىق تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ تەلىملىرىگە قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۈندەيدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئاخىرقى زامان كۈنلىرىنىڭ بېشىمىزغا ئالللقاچان چۈشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دەيدۇ

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېرىنداشلارنى ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇشقا ھەمدە ئېتىقادىدا تەۋرەنگۈچىلەرگە ياردەم بېرىشكە ئۈندەيدۇ.

«قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز يەنە بۇنداق «قارشى تۇرۇش» ۋە «كۈرەش قىلىش» توغرۇلۇق ئازراق سۆزلەيمىز.

بۇ مەكتۇپ قىسقىچە ئاگاھلاندۇرۇش ھەم رىغبەتلەندۇرۇش خېتىدۇر؛ خەت بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنىمۇ ئوخشاشلا پاش قىلىپ بىزگە زور پايدا يەتكۈزىدۇ. «پېترۇس (2)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

## مەزمۇن: –

1. سالام (1-2-ئايەتلەر)
2. ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر ھەققىدە ئاگاھ (3-19-ئايەتلەر)
3. جېكىلەشلەر، دۇئا، مەدھىيە (20-25-ئايەتلەر)

# يەھۇدا

## «روسۇل يەھۇدا يازغان ئۈچىنچى مەكتۇپ»

1 [1] ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى، ياقۇپنىڭ ئىنىسى مەنكى يەھۇدادىن
چاقىرىلغانلارغا، يەنى خۇدائاتىمىز تەرىپىدىن سۆيۈلگەن،
ئەيسا مەسىھ تەرىپىدىن قوغدىلىپ كەلگەنلەرگە سالام. [2] سىلەرگە
رەھىمدىللىق، ئامانلىق-خاتىرجەملىك ۋە مېھىر-مۇھەببەت
ھەسسىلەپ ئاتا قىلىنغاي!

## ساختا تەلىم بەرگۈچىلەردىن ھېزى بولۇڭلار!

[3] ئى سۆيۈملۈكلىرىم، مەن ئەسلى سىلەرگە ئورتاق بەھرىمەن
بولۇۋاتقان نىجاتىمىز توغرىسىدا خەت يېزىشقا زور ئىشتىياقىم
بولسىمۇ، لېكىن ھازىر بۇنىڭ ئورنىغا سىلەرنى مۇقەددەس بەندىلەرگە
بىر يولىلا ئامانەت قىلىنغان ئېتىقادنى قولۇڭلاردىن بەرمەسلىككە
جىددىي كۈرەش قىلىشقا جېكىلەپ ئۈشبۇ خەتنى يازمىسام بولمىدى.
[4] چۈنكى مەلۇم كىشىلەر ــ ئىخلاسسىز ئادەملەر، خېلى بۇرۇنلا مۇنۇ

---

1:1 **«ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى، ياقۇپنىڭ ئىنىسى مەنكى يەھۇدادىن چاقىرىلغانلارغا ... سالام»** ــ «چاقىرىلغانلار» بولسا خۇدا تەرىپىدىن چاقىرىلغان. **«ئەيسا مەسىھ تەرىپىدىن قوغدىلىپ كەلگەنلەرگە سالام»** ــ ياكى «(خۇدا تەرىپىدىن) ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن قوغدىلىپ كەلگەنلەرگە سالام» ــ تېكىست شۇ مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3:1 **«...لېكىن ھازىر بۇنىڭ ئورنىغا سىلەرنى مۇقەددەس بەندىلەرگە بىر يولىلا ئامانەت قىلىنغان ئېتىقادنى قولۇڭلاردىن بەرمەسلىككە جىددىي كۈرەش قىلىشقا جېكىلەپ ئۈشبۇ خەتنى يازمىسام بولمىدى»** ــ «مۇقەددەس بەندىلەرگە بىر يولىلا ئامانەت قىلىنغان ئېتىقاد» دېگەن ئىبارە مۇشۇ يەردە بىزگە ئىنجىل ئارقىلىق خۇدا، مەسىھ، مۇقەددەس روھ، نىجات، خۇدانىڭ سۆز-كالامى (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)، بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا، ئىنسانىيەت، پەرىشتىلەر ۋە جىن-شەيتان قاتارلىقلار توغرۇلۇق نازىل قىلىپ تاپشۇرۇلغان، شۇنداقلا ئىشىنىشكە زۆرۈر بولغان ۋەھىي-ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**سوراقتا تارتىلىشقا پۈتۈلگەنلەر ئاراڭلارغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان. ئۇلار خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بۇزۇقلۇق قىلىشنىڭ باھانىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان، بىردىنبىر ئىگىمىز ۋە رەببىمىز ئەيسا مەسىھنى تانغان ئادەملەردۇر.**

[5] **شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە شۇنى ئېسىڭلارغا قايتىدىن سېلىشنى خالايمەنكى (گەرچە سىلەر بۇرۇن ھەممە ئىشلاردىن خەۋەرلەندۇرۇلگەن بولساڭلارمۇ)، بۇرۇن رەب** ئۆزى ئۈچۈن **بىر خەلقنى مىسىردىن قۇتقۇزغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى** ئۆزىگە **ئىشەنمىگەنلەرنى كېيىن ھالاك قىلدى.** [6] ۋە سىلەر شۇنىمۇ بىلىسىلەركى، **ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇرماي، ئۆز ماكانىنى تاشلاپ كەتكەن پەرىشتىلەرنى رەب ئۇلۇغ** قىيامەت **كۈنىنىڭ سورىقىغىچە مەڭگۈ كىشەنلەپ مۇدھىش قاراڭغۇلۇقتا سولاپ ساقلىماقتا.** [7] **سودوم ۋە گومورا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىكىلەرمۇ شۇ ئوخشاش يولدا، يەنى شۇ** پەرىشتىلەرگە **ئوخشاش ئۆچىغا چىققان بۇزۇقچىلىققا ۋە**

---

4:1 **«چۈنكى مەلۇم كىشىلەر — ئىخلاسسىز ئادەملەر، خېلى بۇرۇنلا مۇشۇ سوراقتا تارتىلىشقا پۈتۈلگەنلەر ئاراڭلارغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان»** — «خېلى بۇرۇنلا ... سوراقتا تارتىلىشقا پۈتۈلگەن»: — بەلكىم مۇقەددەس يازمىلاردا پۈتۈلگەن بولسا كېرەك.

—«مۇنۇ سوراق» — يەھۇدا تۆۋەندە 5-15-ئايەتلەردە بايان قىلىدىغان جازا-سوراقلار بولسا كېرەك.

—**«ئۇلار خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بۇزۇقلۇق قىلىشنىڭ باھانىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان، بىردىنبىر ئىگىمىز ۋە رەببىمىز ئەيسا مەسىھنى تانغان ئادەملەردۇر»** — «خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بۇزۇقلۇق قىلىشنىڭ باھانىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان...»: — دېمەك، «بۇزۇقچىلىق قىلىۋەرسەكمۇ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن كەچۈرۈلىمىز» دېگەندەك.

**4:1** 1پېت. 8:2؛ 2پېت. 1:2، 3.

5:1 **«بۇرۇن رەب ئۆزى ئۈچۈن بىر خەلقنى مىسىردىن قۇتقۇزغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلەرنى كېيىن ھالاك قىلدى»** — «كېيىن» گرېك تىلىدا «ئىككىنچى قېتىم» دېيىلىدۇ.

—«رەب ئۆزى ئۈچۈن بىر خەلقنى مىسىردىن قۇتقۇزغان بولسىمۇ» بەزى كونا كۆچۈرمىلەردە «ئەيسا ئۆز خەلقنى مىسىردىن قۇتقۇزغان بولسىمۇ» دېيىلىدۇ.

**5:1** چۆل. 29:14؛ 64:26، 65؛ زەب. 106:24-27؛ 1كور. 5:10؛ ئىبر. 17:3.

**6:1** يار.1:6-4؛ 2پېت. 4:2.

غەيرىي شەھۋەتلەرگە بېرىلىپ كەتكەن، كېيىنكى دەۋرلەر ئۈلارنىڭ
ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالسۇن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئوت جازاسىغا ئۆرنەك
قىلىنىپ كۆيدۈرۈلگەن.
[8] لېكىن مۇشۇ «چۈش كۆرگۈچىلەر» شۇ ئوخشاش يول بىلەن
ئادەملەرنىڭ تەنلىرىنىمۇ بۇلغىماقتا، ئۇلار ھوقۇق ئىگىلىرىگە
سەل قارىغۇچىلاردىن بولۇپ، ئەرشتىكى ئۇلۇغلارغىمۇ ھاقارەت
قىلىشماقتا. [9] لېكىن ھەتتا باش پەرىشتە مىكائىلمۇ مۇسانىڭ
جەسىتى توغرىسىدا ئىبلىس بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ تالاش-
تارتىش قىلغاندا، ئۇنى ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەشكە
پېتىنالمىغان، پەقەت «ساڭا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى تەنبىھ بەرسۇن»

---

7:1 **«سودوم ۋە گوموررا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىكىلەرمۇ شۇ ئوخشاش يولدا، يەنى شۇ پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئۆچىغا چىققان بۇزۇقچىلىققا ۋە غەيرىي شەھۋەتلەرگە بېرىلىپ كەتكەن، كېيىنكى دەۋرلەر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالسۇن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئوت جازاسىغا ئۆرنەك قىلىنىپ كۆيدۈرۈلگەن»** — «غەيرىي شەھۋەتلەر» دېگەن ئىبارە گرېك تىلىدا «غەيرىي ئەتلەر» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خۇداغا بويسۇنمىغان پەرىشتىلەر «غەيرىي ئەتلەر»گە (دېمەك، قىز-ئاياللارغا) ئىچ پەش تارتقانىدى؛ سودوم ۋە گومورراردىكىلەر «غەيرىي ئەتلەر»گە ئىچ پەش تارتقان (بۇ قېتىم ئەرلەر قىز-ئاياللارغا ئەمەس، بەلكى ئەرلەر باشقا ئەرلەر بىلەن «غەيرىي» جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى).
—«سودوم ۋە گوموررا شەھەرلىرى»نىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا «يار.» 18-19بابنى كۆرۈڭ. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە مۇشۇ ۋەقە ئۈستىدە يەنە ئازراق توختىلىمىز.

**7:1** يار. 24:19؛ قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 40:50؛ ئەز. 49:16؛ ھوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ لۇقا 29:17؛ 2پېت. 6:2.

8:1 **«لېكىن مۇشۇ «چۈش كۆرگۈچىلەر» شۇ ئوخشاش يول بىلەن ئادەملەرنىڭ تەنلىرىنىمۇ بۇلغىماقتا، ئۇلار ھوقۇق ئىگىلىرىگە سەل قارىغۇچىلاردىن بولۇپ، ئەرشتىكى ئۇلۇغلارغىمۇ ھاقارەت قىلىشماقتا»** — «چۈش كۆرگۈچىلەر» بەلكىم «بېشارەتلىك بىرنەچچە چۈشنى كۆردۈم» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئادەملەرنى ئالدايدۇ.
—**«ھوقۇق ئىگىلىرى»** — شۈبھىسىزكى، مۇشۇ يەردە پادىشاھلار، ۋالىيلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئەمەلدارلىرىدىن باشقا، خۇدا بېكىتكەن ئاتا-ئانىلىق ھوقۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
—**«ئەرشتىكى ئۇلۇغلار»** — ئەينى تېكىستتە «ئەرش» دېگەن سۆز يوق. لېكىن 11-ئايەتكە قارىغاندا چوقۇم ئەرشتىكى (يامان) كۈچلەر، يەنى جىن-شەيتانلارنى كۆرسەتسە كېرەك. «جىن-شەيتانلار» ئەسلىدە پەرىشتىلەر، يەنى «ئەرشتىكى ئۇلۇغلار»دىن ئىدى («ۋەھ.» 4:12نى كۆرۈڭ).

دەپلا قويغان. [10]لېكىن بۇ كىشىلەر ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان
ئىشلار ئۈستىدە كۇپۇرلۇق قىلىدۇ. بىراق ئۇلار ھەتتا ئەقىلسىز
ھايۋانلاردەك ئۆز تەبىئىتىنىڭ ئىنكاسلىرى بويىچە چۈشەنگىنىچە
ياشاپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ. [11]بۇلارنىڭ ھالىغا
ۋاي! چۈنكى ئۇلار قابىلنىڭ يولى بىلەن ماڭدى، مال-مۈلۈكنى دەپ
بالائامنىڭ ئازغان يولىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇلار كوراھنىڭ ئاسىيلىق
قىلغىنىغا ئوخشاش ئاخىر ھالاك بولىدۇ. [12]ئۇلار مېھىر-مۇھەببەتنى
تەبرىكلەش زىياپەتلىرىڭلارغا ھېچ تارتىنماي سىلەر بىلەن بىللە
داخىل بولىدىغان، ئۆزلىرىنىلا باقىدىغان خەتەرلىك خادا تاشلاردۇر.
ئۇلار شاماللاردىن ھەيدىلىپ كەلگەن يامغۇرسىز بۇلۇت، يىلتىزىدىن

---

**9:1** دان. 13:10؛ 1:12؛ زەك. 2:3؛ 2پېت. 11:2؛ ۋەھ. 7:12.

10:1 **«لېكىن بۇ كىشىلەر ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان ئىشلار ئۈستىدە كۇپۇرلۇق قىلىدۇ. بىراق ئۇلار ھەتتا ئەقىلسىز ھايۋانلاردەك ئۆز تەبىئىتىنىڭ ئىنكاسلىرى بويىچە چۈشەنگىنىچە ياشاپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ»** ــ «ئۆز تەبىئىتىنىڭ ئىنكاسلىرى بويىچە چۈشەنگىنىچە ياشاپ» دېگەن ئىبارە بەلكىم ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئىشتىھاسىنى كۆزدە تۇتقان، شۇنداقلا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسلىرىنى، بۇزۇقلۇقلىرىنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

**10:1** 2پېت. 12:2.

11:1 **«بۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! چۈنكى ئۇلار قابىلنىڭ يولى بىلەن ماڭدى، مال-مۈلۈكنى دەپ بالائامنىڭ ئازغان يولىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇلار كوراھنىڭ ئاسىيلىق قىلغىنىغا ئوخشاش ئاخىر ھالاك بولىدۇ»** ــ «قابىلنىڭ يولى» ــ قابىل ئۆز ئىنىسىغا ھەسەت قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن، ئەلۋەتتە («يار.» 4-باب).

—**«بالائامنىڭ ئازغان يولى»** ــ «چۆل.» 22-24-بابنى، «2پېت.» 15:2نى ۋە ئىزاھاتىنىمۇ كۆرۈڭ.

—**«ئۇلار كوراھنىڭ ئاسىيلىق قىلغىنىدىكىگە ئوخشاش ئاخىر ھالاك بولىدۇ»** ــ كوراھ بولسا مۇسا پەيغەمبەرگە، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئۆزىگە ئىسيان كۆتۈردى. يەر ئۆزى ئېچىلىپ كوراھ ۋە شېرىكلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى يۇتۇۋالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ كوراھ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى («چۆل.» 16-باب). كوراھدىكىلەردىن 1500 يىلدىن كېيىن ياشىغان مۇشۇ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر خۇدانىڭ غەزىپى ئايان قىلىنغان كۈنى ئۇلارغا ئوخشاش جەزمەن ئەشەددىي ۋە قورقۇنچلۇق ھالدا يوقىتىلىدۇ.

**11:1** يار. 8:4؛ چۆل. 1:16؛ 21:22، 7؛ 2پېت. 15:2؛1يۇھ. 12:3.

قومۇرۇپ تاشلانغان، كەچ كۈزدىكى مېۋىسىز دەرەخلەر، ئىككى
قېتىم ئۆلگەنلەر!. 13 ئۇلار دېڭىزنىڭ داۋالغۇۋاتقان، بۇژغۇنلۇق
دولقۇنلىرى، ئۇلار ئۆز شەرمەندىچىلىكىنى قۇسماقتا؛ ئۇلار ئېزىپ
كەتكەن يۇلتۇزلار بولۇپ، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك قاپقاراڭغۇلۇقنىڭ

---

12:1 **«ئۇلار مېھىر-مۇھەببەتنى تەبرىكلەش زىياپەتلىرىڭلارغا ھېچ تارتىنماي سىلەر بىلەن بىللە داخىل بولىدىغان، ئۆزلىرىنىلا باقىدىغان خەتەرلىك خادا تاشلاردۇر. ئۇلار شامالللاردىن ھەيدىلىپ كەلگەن يامغۇرسىز بۇلۇت، يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلانغان، كەچ كۈزدىكى مېۋىسىز دەرەخلەر، ئىككى قېتىم ئۆلگەنلەر!»** ــ «مېھىر-مۇھەببەتنى تەبرىكلەش زىياپەتلىرىڭلار» دېگەنلىك خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى تەبرىكلەش، ئەلۋەتتە. شۈبھىسىزكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەسىرلەردە جامائەتلەر پات-پات مەلۇم بىر خۇشاللىقتىن غېرىپ-نامراتلارنى تەكلىپ قىلىپ زىياپەت ئۆتكۈزەتتى؛ ئۇنداق زىياپەتلەر «مېھىر-مۇھەببەت زىياپىتى» ياكى «مۇھەببەتنى تەبرىكلەش زىياپىتى» دەپ ئاتىلاتتى. شۇ زىياپەتلەر بەلكىم دائىم «نان ئوشتۇش»، (ياكى «رەبنىڭ داستىخانى»، «رەبنىڭ كەچلىك تامىقى»)نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
–**«ئۆزلىرىنىلا باقىدىغان خەتەرلىك خادا تاشلاردۇر»** ــ «ئۆزلىرىنىلا باقىدىغان» بۇ كىنايىلىك گەپ. مۇشۇ كىشىلەر «خۇدا بىزنى جامائەتتىكىلەرنى باققۇچى قىلىپ بېكىتكەن» دەيتتى. لېكىن ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا باقاتتى. «خەتەرلىك خادا تاشلاردۇر» ــ باشقا خىل تەرجىمىسى «داغلارغا ئوخشايدۇ» ــ مۇشۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى بەلكىم «جامائەتنىڭ تۆۋرۈكى» دەپ كۆرسەتكىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە دېڭىزدىكى «خەتەرلىك خادا تاشلارغا ئوخشايدۇ». دېڭىزچىلار دېڭىز ئاستىدىكى خادا تاشلارنى بايقىيالماي، كېمىنى ئۇستىدىن ھەيدىسە پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ تۈگىشىدۇ، ئەلۋەتتە. ««خەتەرلىك خادا تاشلار» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئاھاڭى «داغ»قىمۇ ناھايىتى يېقىن بولغاچ، بەلكىم شۇ مەنىنىمۇ كۆرستىشى مۇمكىن. «2پېت.» 13:2نى كۆرۈڭ.
–**«يامغۇرسىز بۇلۇت»** ــ گرېك تىلىدا «سۇسىز بۇلۇت».
–**«ئىككى قېتىم ئۆلگەنلەر!»** ــ بۇ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىدا روھىي جەھەتتە «ئۆلگەن» («قەبىھلىكلىرىڭلار ھەم گۇناھلىرىڭلاردا ئۆلگەن» («ئەفەسلىكلەرگە» 1:2)) بولۇپلا قالماي، باشقىلارنىمۇ ئۆلۈم يولىغا ئالداپ كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈنمۇ روھىي جەھەتتە «ئىككى قېتىم ئۆلگەن»دۇر. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن خۇدا تەرىپىدىن ئىككى ھەسسە جازالىنىدۇ («ياق.» 1:3، «مات.» 15-13:23نى كۆرۈڭ).

**12:1** 2پېت. 17:2، 13.

زۇلمەتتە ھازىرلاپ قويۇلغاندۇر. [14] ئادەمئاتىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى
بولغان ھانوخ بۇ كىشىلەر توغرىسىدا مۇنداق بېشارەت بەرگەن: —

«مانا، رەب تۈمەنمىڭلىغان مۇقەددەسلىرى بىلەن كېلىدۇ، [15] ئۇ
پۈتكۈل ئىنسانلارنى سوراق قىلىپ، بارلىق ئىخلاسسىزلارنىڭ
ئىخلاسسىزلارچە يۈرگۈزگەن بارلىق ئىخلاسسىزلىقلىرىغا ئاساسەن،
شۇنداقلا ئىخلاسسىز گۇناھكارلارنىڭ ئۆزىنى ھاقارەتلىگەن بارلىق
ئەسەبىي سۆزلىرىگە ئاساسەن ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇيدۇ». [16] بۇ
كىشىلەر ھامان غوتۇلداپ، ئاغرىنىپ يۈرىدۇ، ئۆز ھەۋەسلىرىنىڭ

---

13:1 **«ئۇلار دېڭىزنىڭ داۋالغۇۋاتقان، بۇژغۇنلۇق دولقۇنلىرى، ئۇلار ئۆز شەرمەندىچىلىكىنى قۇسماقتا»** — «يەش.» 57:20نى كۆرۈڭ. **«...ئۇلار ئېزىپ كەتكەن يۇلتۇزلار بولۇپ، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك قاپقاراڭغۇلۇقنىڭ زۇلمەتتە ھازىرلاپ قويۇلغاندۇر»** — «ئۇلار... ئېزىپ كەتكەن يۇلتۇزلار» دېگەنلەر پەقەت «خەتەرلىك خادا تاشلار»لا ئەمەس، بەلكى دېڭىزدا يۈرگۈچىلەرگە خاتا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ تېنىتىدىغان «ئېزىپ كەتكەن يۇلتۇزلار»دەك بولىدۇ.

**13:1** يەش. 57:20.

14:1 **«مانا، رەب تۈمەنمىڭلىغان مۇقەددەسلىرى بىلەن كېلىدۇ،...»** — «(رەبنىڭ) مۇقەددەسلىرى» مۇشۇ يەردە رەب ئەيسانىڭ قايتىپ كېلىشىدە ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان پەرىشتىلىرى ھەم مۇقەددەس بەندىلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن («قان.» 33:2، «زەب.» 50:3-6، «دان.» 7:9-14، 25-26، «مات.» 16:27، 24:30-31، 25:13، «1كور.» 6:2، «1تېس.» 3:3، «2تېس.» 1:7-10، «ۋەھ.» 1:7نى كۆرۈڭ).

**14:1** يار. 5:18؛ دان. 7:10؛ روس. 1:11؛ 1تېس. 1:10؛ 2تېس. 1:10؛ ۋەھ. 1:7.

15:1 **«ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنى سوراق قىلىپ، بارلىق ئىخلاسسىزلارنىڭ ئىخلاسسىزلارچە يۈرگۈزگەن بارلىق ئىخلاسسىزلىقلىرىغا ئاساسەن، شۇنداقلا ئىخلاسسىز گۇناھكارلارنىڭ ئۆزىنى ھاقارەتلىگەن بارلىق ئەسەبىي سۆزلىرىگە ئاساسەن ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇيدۇ»** — «ئىخلاسسىزلارچە يۈرگۈزگەن ئىخلاسسىزلىقلىرى» دېگەن ئىبارە «ئۇچىغا چىققان ئىخلاسسىزلىقلىرى» دېگەندەك گۇناھلىرىنى تەكىتلەيدۇ. **«ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇيدۇ»** — دېگەن سۆز، شۈبھىسىزكى، ھەربىر گۇناھكارنىڭ خۇدا ئالدىدا ئۆزىنىڭ گۇناھلىرى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمگە تولۇق قوشۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

—تەۋرات ئۆز ئىچىگە ئالمىغان «ھانوخ» دېگەن يەنە كونا بىر كىتاب بار. بىراق يەھۇدا نەقىل كەلتۈرگەن مۇشۇ سۆز بۇ كىتابتىن بىۋاستە ئېلىنغان ئەمەس. بۇ سۆز بەلكىم «ھانوخ» دېگەن كىتابنىڭ قەدىمىي مەنبەسى بولغان، خەلقنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك.

**15:1** مات. 12:36.

كەينىگە كىرىدۇ؛ ئاغزىدا يوغانچىلىق قىلىدۇ، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ باشقىلارغا خۇشامەتچىلىك قىلىدۇ.

## ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تاپىلاش

[17] لېكىن، ئى سۆيۈملۈكلىرىم، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ روسۇللىرىنىڭ ئالدىن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، [18] ئۇلار سىلەرگە: «ئاخىر زاماندا، ئۆزىنىڭ ئىخلاسسىز ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ، مازاق قىلغۇچىلار مەيدانغا چىقىدۇ» دېگەنىدى. [19] مۇشۇنداق كىشىلەر بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان، ئۆز تەبىئىتىگە ئەگەشكەن، روھقا ئىگە بولمىغان ئادەملەردۇر.

16:1 **«بۇ كىشىلەر ھامان غوتۇلداپ، ئاغرىنىپ يۈرىدۇ، ئۆز ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرىدۇ؛ ئاغزىدا يوغانچىلىق قىلىدۇ، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ باشقىلارغا خۇشامەتچىلىك قىلىدۇ»** — «بۇ كىشىلەر ... غوتۇلداپ، ئاغرىنىپ يۈرىدۇ»: ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا قاقشاپ ئاغرىنىپ يۈرىدۇ. «ئاغرىنىپ يۈرىدۇ» دېگەننىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: — «باشقىلارنى ئەيىبلەيدۇ» ياكى «قۇسۇر ئىزدەپ يۈرىدۇ».

**16:1** 2پېت. 18:2.

18:1 **«ئۇلار سىلەرگە: «ئاخىر زاماندا، ئۆزىنىڭ ئىخلاسسىز ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ، مازاق قىلغۇچىلار مەيدانغا چىقىدۇ» دېگەنىدى»** — روسۇل يەھۇدا مۇشۇ يەردە ئۇلارنىڭ نېمىنى مازاق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمايدۇ. لېكىن بىر مىسال «2پېت.» 3:3دە تېپىلىدۇ.

**18:1** روس. 29:20؛ 1تىم. 1:4؛ 2تىم. 1:3؛ 3:4؛ 2پېت. 1:2؛ 3:3.

19:1 **«مۇشۇنداق كىشىلەر بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان، ئۆز تەبىئىتىگە ئەگەشكەن، روھقا ئىگە بولمىغان ئادەملەردۇر»** — «ئۆز تەبىئىتىگە ئەگەشكەن (ئادەملەر)» گرېك تىلىدا «جانلىق (ئادەملەر)» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، مۇقەددەس كىتاب بويىچە ئادەم ئۈچ قىسىمدىن — روھ، جان، تەندىن تەركىب تاپىدۇ. خۇدانىڭ ئەسلى مەقسىتى ئادەمنىڭ روھى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ يولىيورۇق كۆرسىتىش ئىدى. ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھى بىلەن ئادەملەر ئۆز روھى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى جان ۋە تەن، يەنى «ئەت» تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ (گۇناھلىق) تەبىئىتىگە ئەگەشكىلى تۇردى. «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

—**«روھقا ئىگە بولمىغان ئادەملەردۇر»** — «روھ» خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى، ئەلۋەتتە.

**20 لېكىن سىلەر، ئى سۆيۈملۈكلىرىم، ئەڭ مۇقەددەس بولغان**
**ئېتىقادىڭلارنى ئۇل قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى قۇرۇپ چىقىڭلار،**
**مۇقەددەس روھتا دۇئا قىلىپ، 21 ئادەمنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېلىپ**
**بارىدىغان رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ رەھىمدىللىقىنى تەلمۈرۈپ**
**كۈتۈپ، ئۆزۈڭلارنى خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئىچىدە تۇتۇڭلار.**
**22 ئىككىلىنىپ قالغانلارغا رەھىم قىلىڭلار؛ 23 بەزىلەرنى ئوت**
**ئىچىدىن يۇلۇۋېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار؛ بەزىلەرگە ھەتتا ئەتلىرىدىن**
**نىجاسەت چۈشۈپ بۇلغانغان كىيىم-كېچەكگىمۇ نەپرەتلەنگەن**
**ھالدا قورقۇنچ ئىچىدە رەھىم قىلىڭلار.**

---

20:1 **«لېكىن سىلەر، ئى سۆيۈملۈكلىرىم، ئەڭ مۇقەددەس بولغان ئېتىقادىڭلارنى ئۇل قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى قۇرۇپ چىقىڭلار، مۇقەددەس روھتا دۇئا قىلىپ،..»** — «ئۆزۈڭلارنى... قۇرۇپ چىقىڭلار» دېگەن ئىبارە مۇشۇ يەردە گرېك تىلىدىكى «(ئېتىقادتا) ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈڭلار» دېگەن مەنىدە. «رىملىقلارغا» ۋە «ئەفەسلىقلارغا»دىكى «ئېتىقادنى قۇرۇش» توغرۇلۇق «كىرىش سۆز»ىمىزنى ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ. **«مۇقەددەس روھتا دۇئا قىلىپ، ...»** — دېمەك، «مۇقەددەس روھقا تايىنىپ دۇئا قىلىپ،...».

22:1 **«ئىككىلىنىپ قالغانلارغا رەھىم قىلىڭلار»** — «ئىككىلىنىپ قالغانلار» بولسا ئېتىقادتا ئىككىلەنگەنلەر. باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «بەزىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، (ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنى) پەرق ئېتىڭلار؛ بەزىلەرنى... بەزىلەرنى... ».

23:1 **«بەزىلەرنى ئوت ئىچىدىن يۇلۇۋېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار؛ بەزىلەرگە ھەتتا ئەتلىرىدىن نىجاسەت چۈشۈپ بۇلغانغان كىيىم-كېچەكگىمۇ نەپرەتلەنگەن ھالدا قورقۇنچ ئىچىدە رەھىم قىلىڭلار»** — دېمەك، بۇ ئىككى ئايەت (22-23)تە ئۈچ خىل ئادەملەر بار. بىرىنچى خىلى ئېتىقادقا نىسبەتەن گۇماندا تۇرىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى بولسا گۇناھقا شۇنچە چۆكۈپ كەتكەنكى، ئۇلار دوزاخنىڭ گىرداۋىدا تۇرغانلار ياكى «دوزاخ ئوتىغا چۈشەي» دەپ قالغانلار؛ ئۈچىنچى خىلى بولسا، ئادەمنى ئاسانلا ئېپلاسلىققا سۆرەيدىغان ئېغىر گۇناھلارغا پاتقانلار. شۇڭا ئۇلارنى قۇتقۇزماقچى بولغانلار ئىنتايىن ھوشيار بولۇشى كېرەك — بولمىسا ئۆزلىرى بۇلغىنىپ ياكى ئازدۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن («ھەتتا ئەتلىرىدىن نىجىس (گرېك تىلىدا، «داغ») چۈشۈپ بۇلغانغان كىيىم-كېچەكگە نەپرەتلەنگەن ھالدا» دېگەن گەپ كۆچمە مەنىدە، ئەلۋەتتە. «بۇ كىشىلەرنىڭ پاسىقلىقى ئۆزۈڭگە تەسىر يەتكۈزمىسۇن ئۈچۈن ھوشيار بول» دېگەندەك).

— —بۇ ئىككى ئايەتنىڭ باشقا بەزى تەرجىمىلىرى بار. بۇ تەرجىمىلەردە «قۇتقۇزۇشقا تىرىشىش كېرەك» بولغان **ئىككى خىل** ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ: — «ئىككىلىنىپ قالغانلارغا رەھىم قىلىڭلار؛ بىراق بەزىلەرنى ئوت ئىچىدىن يۇلۇپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار؛ لېكىن ئۇلارنى قۇتقۇزغاندا قورقۇنچتا بولۇڭلار، ھەتتا ئەتلىرىدىن نىجىس چۈشۈپ بۇلغانغان كىيىم-كېچەكگە نەپرەتلىنىڭلار»

## مەدھىيە دۇئاسى

24-25 ئەمما سىلەرنى يولدا تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ، ئېچىلىپ-
يېيىلىپ ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ھۇزۇرىدا ئەيىبسىز تۇرغۇزۇشقا قادىر
بولغۇچىغا، يەنى قۇتقۇزغۇچىمىز بىردىنبىر خۇداغا رەببىمىز ئەيسا
مەسىھ ئارقىلىق شان-شەرەپ، ھەيۋەت-ئۇلۇغلۇق، قۇدرەت ۋە ھوقۇق
ئەزەلدىن بۇرۇن، ھازىرمۇ تا بارلىق زامانلارغىچە بولغاي! ئامىن!

---

دېگەندەك.

**24:1-25** رىم. 27:16؛ 1تىم. 17:1.

# قوشۇمچە سۆز

## ئەمدى بۇ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

بىزنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر بىلەن بولغان كۈرىشىمىزمۇ خەتنىڭ بېشىدا، 3-ئايەتتە كۆرسىتىلىدۇ: — «ئى سۆيۈملۈكلىرىم، مەن ئەسلى سىلەرگە ئورتاق بەھرىمەن بولۇۋاتقان نىجاتىمىز توغرىسىدا خەت پۈتۈشقا زور ئىشتىياقىم بولسىمۇ، لېكىن ھازىر بۇنىڭ ئورنىغا سىلەرنى مۇقەددەس بەندىلەرگە بىر يولىلا ئامانەت قىلىنغان ئېتىقادنى قولۇغلاردىن بەرمەسلىككە جىددىي كۈرەش قىلىشقا جېكىلەپ ئۇشبۇ خەتنى يازمىسام بولمىدى».

يەھۇدانىڭ «مۇقەددەس بەندىلەرگە بىر يولىلا ئامانەت قىلىنغان ئېتىقاد» دېگەن بۇ سۆزى مۇشۇ يەردە بىزگە ئىنجىل ئارقىلىق خۇدا، مەسىھ، مۇقەددەس روھ، نىجاتلىق، خۇدانىڭ سۆز-كالامى (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)نىڭ تولىمۇ نوپۇزلۇقلۇقى، بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا، ئىنسانىيەت، پەرىشتىلەر ۋە جىن-شەيتان قاتارلىقلار توغرۇلۇق نازىل قىلىنغان، شۇنداقلا ئىشىنىشكە زۆرۈر بولغان ۋەھىي-ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئاگاھتىن بىز شۇنداق چۈشىنىمىزكى، خەتەرلىك ئىش خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ مال-مۈلكىنىڭ بۇ ساختا ئادەملەر تەرىپىدىن مەھرۇم قىلىنىشى ئەمەس (بۇ تولىمۇ يامان ئىش، ئەلۋەتتە)، بەلكى ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدىن مەھرۇم قىلىنىشىدۇر. بۇ ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنىڭ كەينىدە ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، مۇشۇنداق كىشىلەرنى يوشۇرۇن ئىدارە قىلغۇچى شەيتان ئۆزى تۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇ ساختا تەلىملىرى ئارقىلىق خۇدانىڭ خەلقىنى ھەقىقەتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىپ ئوغرىلىماقچى ۋە شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ روھىي ھاياتىنى ۋەيران قىلماقچىدۇر («يۇھ.» 10:10). ئۇ شۇنداق قىلالىسا، دۇنيادا خۇدانىڭ گۇۋاھچىلىقىنى يوققا چىقىرىپ، «دۇنيانىڭ نۇرى» بولغان خۇدانىڭ خەلقىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق قىلىۋېتەتتى.

ئۇنداقتا، بىز قايسى يول بىلەن «ئېتىقادنى قولۇڭلاردىن بەرمەسلىككە جىددىي كۈرەش قىلىش»ىمىز لازىم؟

بۇ مەسىلە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولغىنى بىلەن، تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمىز: —

(ئا) ھەممىدىن ئاۋۋال، ئۆزىمىزنى خۇدانىڭ سۆز-كالامىغا چۆمدۈرۈشىمىز كېرەك: — «بۇ تەۋرات-قانۇننى ئۆز ئاغزىڭدىن نېرى قىلماي، ئۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈلگەنىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، ئۇنى كېچە-كۈندۈز ئويلا؛ شۇنداق قىلساڭ يوللىرىڭدا غەلىبىلىك بولۇپ، ئۆزۈڭ روناق تاپىسەن» («يەش.» 8:1).

بۇ ھەم كونا ئەھدە (تەۋرات-زەبۇر) ۋە يېڭى ئەھدە (ئىنجىل)دىكى ھاياتقا نىسبەتەن ھالقىلىق پرىنسىپتۇر.

بىز خۇدانىڭ سۆز-كالامنى ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنيامىز، بارلىق ئوي-پىكرلىرىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى قىلىشىمىز لازىم. جەزملەشتۈرىمىزكى، شەيتان ھەقىقەتنىڭ ھەرقايسى نۇقتىسىنىڭ بىرىنمۇ قويماي يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

(ئە) بىز خۇدانىڭ شەپقىتىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ سۆز-كالامىنىڭ ھەربىر نۇقتىلىرىغا بويسۇنۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بىزدە مەسىھ ئەيسانىڭ نامىدا دۇئا قىلىش ۋە سۆز قىلىشقا ھوقۇقىمىز بولىدۇ («مات.» 8:9).

(ب) سەگەك تۇرۇپ دۇئا قىلىشتىن توختىماسلىقىمىز كېرەك («مات.» 41:26).

(پ) خۇدانىڭ جامائىتىدە ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرگە يۈز تۇرانە تۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك تەنبىھ ۋە دۇرۇس تەلىم بىلەن رەددىيە بېرىپ قارشى چىقىشىمىز لازىم. بىز ئۇلارغا بىر دەقىقىمۇ يول قويماسلىقىمىز كېرەك («گال.» 5:2). بۇ «ئەدەپلىك بولۇش-بولماسلىق» مەسىلىسى ئەمەس. جامائەت ئادەمنىڭ ئەمەس، خۇدانىڭكىدۇر؛ خۇداغا بىھۆرمەتلىك قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلارغا يۈز-خاتىرە قىلمايمىز. بەزى كىشىلەر «سىلەر مۇھەببەت كۆرسەتمەيسىلەر» دەپ تەنقىد قىلىشى مۇمكىن، بىراق ئادەمنى ئازاد قىلغۇچى بولسا ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر: —

«ھەقىقەتنى سېتىۋال، ئۇنى ھەرگىز سېتىۋەتمە» («پەند.» 23:23).

يەنە مەسىلەن «2يۇھ.» 7-11-ئايەتنى كۆرۈڭ.

7:1 «سودوم ۋە گوموررا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىكىلەرمۇ شۇ ئوخشاش يولدا، يەنى شۇ پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئۇچىغا چىققان بۇزۇقچىلىققا ۋە غەيرىي شەھۋەتلەرگە بېرىلىپ كەتكەن، كېيىنكى دەۋرلەر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالسۇن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئوت جازاسىغا ئۇچرىتىلىپ، مىسال قىلىنىپ كۆرسىتىلدى»

بۇ پەرىشتىلەر توغرۇلۇق «يارىتىلىش» ھەمدە «پېترۇس (2)»دىكى ئىزاھاتلار ۋە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختالدۇق. يەھۇدانىڭ بۇ بايانىدا «يار.» 6:1-6دە خاتىرىلەنگەن ۋەقەدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇمانلىق يەرنى قالدۇرمايدۇ: —

«ۋە شۇنداق بولدىكى، ئىنسانلار يەر يۈزىدە كۆپىيىشكە باشلىغاندا، شۇنداقلا قىزلارمۇ كۆپلەپ تۇغۇلغاندا، خۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئىنسانلارنىڭ قىزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، خالىغانچە تاللاپ، ئۆزلىرىگە خوتۇن قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ۋاقىت پەرۋەردىگار سۆز قىلىپ: —

— مېنىڭ روھىم ئىنسانلار بىلەن مەڭگۈ كۈرەش قىلىۋەرمەيدۇ؛ چۈنكى ئىنسان ئەتتۇر، خالاس. كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئۆمرى پەقەت بىر يۈز يىگىرمە يىل بولىدۇ! — دېدى.

شۇ كۈنلەردە (ۋە شۇنداقلا كېيىنكى كۈنلەردىمۇ)، خۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئىنسانلارنىڭ قىزلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن بالىلارنى تاپقىنىدا، گىگانتلار يەر يۈزىدە پەيدا بولدى. بۇلار بولسا قەدىمكى زامانلاردىكى داڭلىق پالۋان-باتۇرلار ئىدى. پەرۋەردىگار ئىنساننىڭ ئۆتكۈزۈۋاتقان رەزىللىكى يەر يۈزىدە كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى نىيەتلىرىنىڭ ھەرقاچان يامان بولۇۋاتقىنىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار يەر يۈزىدە ئادەم ئاپىرىدە قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، كۆڭلىدە ئازابلاندى» («يار.» 6:1-6).

بەزى ئالىملار «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» سېتنىڭ ئىخلاسمەن ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ «ئىنسانلاردىن بولغان قىزلارنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈشى» ئاندىن «ئۆزلىرى خالىغان قىزلارنى خوتۇنلۇققا ئېلىشى»نىڭ زادى نېمە يامىنى بار؟ تېكىستتە «رەزىل ئادەملەرنىڭ قىزلىرى» توغرۇلۇق

گەپ يوق، پەقەت «ئىنسانلارنىڭ قىزلىرى» دېيىلىدۇ — دېمەك، بۇ ئادەتتىكى قىز-ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىشىنىمىزكى، «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» مۇشۇ يەردە بىر تۈركۈم پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ («ئايۇپ» 6:1، 1:2، 7:38، «زەب.» 1:29، 6:89نى كۆرۈڭ)؛ ئۇلار قىز-ئاياللارنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئۆتكۈزۈشنى خالايتتى ۋە شۇ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن قايسىبىر ئىنساننىڭ شەكلىگە كىرىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئالاھىدە بىرخىل «باتۇرلار» ياكى «پالۋانلار»، شۇنداقلا بىنورمال گىگانتلار («نەفىلىم») ئىدى. «يارىتىلىش»نىڭ مۇئەللىپى بۇنداق ۋەقە يەنە بىرەر قېتىم يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پۇرىتىدۇ - چۈنكى ئۇ كېيىن، باشقا گىگانتلار تۇغۇلغانىدى، دەيدۇ: — «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئىنسانلاردىن بولغان قىزلار بىلەن شۇ چاغدا (ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ) بىللە بولۇپ، ئەۋلاد قالدۇرغاندا، يەر يۈزىدە «نەفىلىم» (مەنىسى، «يىقىلغانلار» ياكى «گىگانتلار») دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار قەدىمكى زاماننىڭ باتۇرلىرى ۋە داڭلىق كىشىلىرى ئىدى» (4-ئايەت). بۇ سۆز بىلەن ئۇ بەلكىم مۇقەددەس يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغان، توپاندىن كېيىن تۇغۇلغان گىگانتلارنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ مەسىلەن، «چۆل.» 33:13، «قان.» 2:20-21، 11:3، «1سام.» 4:17، «2سام.» 15:21-22نى كۆرۈڭ.

بەزىلەر رەببىمىز ئۆلۈمدىن تىرىلىش توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، «ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۆيلەنمەيدۇ، ئەرگە تەگمەيدۇ، بەلكى ئەرشتىكى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ» دېگەنلىكىگە قاراپ («مات.» 30:22) مۇشۇ پىكىرگە قارشى چىقىدۇ. ئۇلار: «پەرىشتىلەر جىنسىي تەبىئەتسىز بولغىنى ياكى جىنسىيەتتىكى بىرەر خۇسۇسىيىتى بولمىغىنى ئۈچۈن قەتئىي نىكاھلانمايدۇ» دەيدۇ. بىراق ھالقىلىق مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە. پەرىشتىلەر نورمال ھالدا نىكاھلانمايدۇ. لېكىن «يارىتىلىش»تىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ تۈركۈم پەرىشتىلەر خۇد بېكىتكەن تەرتىپتىن ھالقىپ كەتكەچكە، جازاغا ئۇچرىغان. ئۇلار «يەھ.» 7-ئايەتتە تەسۋىرلەنگەن رەزىل ئادەملەردەك: «سودوم ۋە گوموررا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىكىلەرمۇ شۇ ئوخشاش يولدا، يەنى شۇ پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئۇچىغا چىققان بۇزۇقلۇققا ۋە غەيرىي شەھۋەتلەرگە بېرىلىپ كەتكەن...».

خۇدا پەرىشتىلەرنىڭ «غەيرىي ئەتلەرگە» (دېمەك، ئىنسانلارنىڭ تەنلىرىگە) ئىچ پەش تارتىشىنى ياكى ئەر كىشىلەرنىڭمۇ «غەيرىي ئەتلەرگە» (دېمەك، قىز-ئاياللارنىڭ تەنلىرىگە تەبىئىي ھەۋەسلىرى بولۇشىنىڭ ئورنىغا، باشقا ئەر كىشىلەرنىڭ تەنلىرىگە) ئىچ پەش تارتىششىنى ھېچقاچان خالىغان ئەمەس.

«2پېت.» 4:2 ھەم مۇشۇ 6-ئايەتتە يەھۇدا مۇشۇ پەرىشتىلەر (شۇ ۋاقىتتا) شەيتاننىڭ ئالەم ئاپىرىدە بولغاندا كۆتۈرگەن ئىسيانىغا چېتىلغان پەرىشتىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق جازاغا تارتىلدۇ، دەيدۇ («ۋەھ.» 3:12-4دىكى ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ). ئىسيان كۆتۈرگەن شۇ پەرىشتىلەر، ئېھتىمال ھازىر جاھاننىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە قاتراپ يۈرۈۋاتقان، ئىنسانلارنى ئېزىقتۇرىدىغان ھەمدە خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ئويلىرى ۋە قەلبلىرىگە جەڭ قىلىۋاتقان جىنلاردۇر. لېكىن يەھۇدا ئېيتقان ئاشۇ پەرىشتىلەرنى «رەب ئۇلۇغ قىيامەت كۈنىنىڭ سوراقىغىچە مەڭگۈ كىشەنلەپ مۇدھىش قاراڭغۇلۇقتا سولاپ ساقلىماقتا».

نېمىشقا ئەمدى ئۇلار تېخىمۇ قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، سەۋەب پەقەت شۇكى، بۇ پەرىشتىلەر ئاللىقاچان خۇدانىڭ يۈرگۈزگەن بىرنەچچە جازالىرىنى، يەنى (ئا) ئىسيان كۆتۈرگەن شەيتان ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئەرشتىن ھەيدىۋېتىلگىنىنى؛ (ئە) ئادەمئاتا ۋە ھاۋائانىمىزنىڭ گۇناھ سادىر قىلغاندىن كېيىن ئېرەم باغچىسىدىن ھەيدىۋېتىلگىنىنى، ۋە (ب) ھابىلنى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن قابىلغا چۈشۈرۈلگەن جازانى كۆرگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ خۇدا ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى.

بىزنىڭ «1كور.» 10:11 ئۈستىدە بولغان سۆزلىرىمىزنى كۆرۈڭ: —

«شەيتان ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم پەرىشتىلەر ئايال كىشىلەرنىڭ ساھىبجامالىلىقىنى كۆرۈپ ئادىشىپ كەتتى، دەپ ئىشىنىمىز («يار.» 2:6-4). شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرىشتىلىك مەرتىۋىسىنى تاشلاپ ئاياللارغا يېقىنلىشىپ تېگىش ئۈچۈن نامەلۇم يولدا جىسىم شەكلىگە كىردى. ئىنجىلدىكى ۋەھىي بويىچە، مۇشۇ پەرىشتىلەر سوراق قىلىنغۇچە قاماپ قويۇلۇق بولىدۇ («2پېت.» 4:2، «يەھ.» 6-7نىمۇ كۆرۈڭ). ئۇلارنىڭ ھازىرقى جازاسى ئەسلى ئىسيان كۆتۈرگەن جىنلارنىڭكىدىن ئېغىر، چۈنكى ئۇلار شۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان خۇدانىڭ كۆپ باشقا جازالىرىنى كۆرۈپ كەلگەنىدى. ئەمما كىم بىلسۇن، باشقا پەرىشتىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلىش مۇمكىنچىلىكى تېخى

مەۋجۇتمىكىن، شۇڭا روسۇل جامائەتكە، ئىبادەت سورۇنلىرىدا قىز-ئايال قېرىنداشلارنىڭ ساھىبجامالىلىقىدىكى گۆھەر بولغان چاچلىرى يېپىلسۇن، دەپ تاپىلايدۇ».

بۇنداق ۋەقەدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرى تېخىمۇ رەزىللىككە تولىدۇ:

— «پەرۋەردىگار ئىنسانلارنىڭ رەزىللىكىنى، كۆڭلىدىكى نىيىتىنىڭ ھەرقاچان يامان بولىدىغانلىقىنى كۆردى...» (چۈنكى خۇدانىڭ مۇقەددەس پەرىشتىلىرى ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا گۇناھ قىلغان ئەمەسمۇ؟). ئەمدى خۇدانىڭ جامائىتى پەقەت ئىنسانىيەتكىلا ئەمەس، بەلكى ھەتتا پەرىشتىلەرگىمۇ ئۇنىڭ تەرتىپىگە ھەر تەرەپتە بويسۇنۇشتا ئىزچىل ئۈلگە بولسۇن. ئامىن!

# ئىنجىل 27-قىسىم

# «ۋەھيي»

## كىرىش سۆز

مىلادىيە 95-96-يىللار. روسۇل يۇھاننانىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، بەلكىم توقسان نەچچە ياشقا كىرگەن ۋاقتى بولسا كېرەك (ئوقۇرمەنلەر ئالدىنقىلاردىن بۇرۇن ئىلىپ ئىنجىلدىكى ئەيسانىڭ تەرجىمىھالى بولغان «يۇھاننا» دېگەن باياننى ۋە «يۇھاننا يازغان خەتلەر» دېگەن قىسىملارنى ئوقۇغان بولسا كېرەك). يۇھاننا شۇنچە ياشانغان بولسىمۇ، يەنىلا زور كۈچ بىلەن ھەر يەردە، بولۇپمۇ ئەفەسۇس شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا مەسىھنى جاكارلىماقتا ئىدى. رىم ئىمپېرىيەسىدە تۇرۇۋاتقان جامائەتلەرگە نىسبەتەن بۇ زامانلار زۇلمەتلىك ۋە قىيىن ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا دومىتىيان ئىمپېراتور («قەيسەر») بولۇپ خۇدانىڭ خەلقىگە زىيانكەشلىك يەتكۈزۈۋاتاتتى؛ پۈتۈن ئىمپېرىيەدە مەسىھگە ئېتىقاد باغلىغانلار ئېتىقادى تۈپەيلىدىن زىندانغا تاشلىنىپ ياكى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنىپلا قالماي، بەلكى رىملىقلارنىڭ «سىرك»لىرىدە رەسۋا قىلىنىپ، تىرىك ھالدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتاتتى، شىر-يولۋاس قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار ياكى گلادىئاتور-چېلىشچىلەر بىلەن ئېلىشىشقا سېلىنىپ، ياكى باشقا ھەرخىل ئەشەددىي يوللار بىلەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىلىۋاتاتتى. ئىمپېراتور ئۆزى ھەر يىلى ««رەببىنىڭ كۈنى» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە بىر كۈننى بېكىتىپ، شۇ كۈنىدە بارلىق پۇقرالىرىنى ئۆزى توغرۇلۇق: «قەيسەر رەبتۇر!» دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئىسرىق سېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. مەسىھگە سادىق بولغانلار ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمىغاچقا، تۈرلۈك رەھىمسىزلىكلەرگە ئۇچرىماقتا ئىدى.

روسۇل يۇھاننا پاتموس دېگەن كىچىك ئارالغا قامالغانىدى (ئۇ يەر بەلكىم بىرخىل «ئەمگەك لاگېرى» بولسا كېرەك). ئىمپېراتور پۇقرالىرىنىڭ سەجدە قىلىشىنى قوبۇل قىلماقچى بولغان دەل ئاشۇ «رەببىنىڭ كۈنى»دە، رەب ئەيسا مەسىھ يۇھانناغا كۆرۈنۈپ ئۇنىڭغا ھازىر ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ ۋەھيىنى تاپشۇردى ۋە بۇ كىتاب «ۋەھيي» دەپ ئاتالدى. تاپشۇرۇلغان ۋەھيىنىڭ كۆپىنچىسى «بېشارەتلىك»، يەنى كەلگۈسىدىكى

ئىشلار، بولۇپمۇ مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كېلىشتىن ئاۋۋالقى زامانلار توغرۇلۇقتۇر. ھالبۇكى، كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمى ئەيسا مەسىھ يۇھاننا ئارقىلىق «كىچىك ئاسىيا» (ھازىرقى تۈركىيە)دىكى يەتتە جامائەتكە يازغان يەتتە پارچە خەتتىن تەركىب تاپىدۇ. يۇھاننا ئۆزى بۇ يەتتە جامائەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. يۇھانناننىڭ بۇ خەتلەردە، شۇنداقلا كىتابنىڭ كۆپ قىسمىدا بولغان رولى پەقەت ئاڭلىغانلىرى ۋە كۆرگەنلىرىنى خاتىرىلەش ئىدى، خالاس. مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇ «ۋەھيي»نى تاپشۇرۇۋالغان ياكى يازغان چاغدا، بۇ يەتتە جامائەت ئۇنىڭدىن ھال سوراش ئۈچۈن يەتتە «ئەلچى» (بەلكىم ئۇلار ئارىسىدىكى يېتەكچى ياكى ئاقساقاللار)نى ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

كىتابنىڭ كۆپ قىسمى بېشارەتلەر بولغىنى بىلەن، بەزى بېشارەتلەر تارىختىكى روھىي جەھەتتىن مۇھىم بولغان ۋەقەلەرنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ۋەھيي «ئۇنىڭ قۇل-خىزمەتكارلىرى» ــــ شۇ ۋاقىتتىكى مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن، شۇنداقلا بىزلەرنىمۇ قېيىن كۈنلىرىمىزدە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەندۇر.

ئومۇمىي جەھەتتىن كىتابنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلىغاندا: «مەسىھگە ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن ئەھۋاللار دەسلەپتە بارغانسېرى بەتتەرلىشىدۇ، ئاندىن مەسىھ دۇنياغا كەلگەندە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ؛ مەسىھگە ئىشەنمىگەنلەرنىڭ ئىشلىرى بەلكىم ۋاقىتلىق ياخشى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مەسىھ كېلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خارابلىشىپ، پاجىئەلىك بولىدۇ» دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە «ۋەھيي» پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلارغا تولۇق ماسلاشقان، زۆرۈر بولغان خاتىمىدۇر. ئۇشبۇ كىتابتا، خۇدانىڭ تەۋراتتىكى بارلىق بېشارەتلەردە ئايان قىلىنغان ياكى پەقەت پۈرىتىلگەن مەقسەت-مۇددىئالىرىنىڭ تەنتەنىلىك ۋە شان-شەرەپلىك ھالدا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشلىرى كۆرسىتىلىدۇ؛ چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا ۋە مەسىھنىڭ ئۆزى بېشارەت قىلغان «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى»نىڭ يەر يۈزىدە نامايان قىلىنىشى كۆرۈلىدۇ؛ شۇنىڭدىن كېيىن بولغان يېڭى ئاسمان-زېمىن كۆرۈلىدۇ ۋە بارلىق گۇناھ-رەزىللىكنىڭ ئاخىرقى تېگىشلىك جازاغا تارتىلىشلىرىمۇ كۆرۈنىدۇ.

پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولغان ئىنجىلنىڭ ئاخىرقى ۋەھيىدىكى مۇنۇ ئاخىرقى ئايەتلەردە بىز مۇنداق قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى ئوقۇيمىز: ــــ

22:18-19 «مەنكى بۇ كىتابتىكى بېشارەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلارغا گۇۋاھلىق بېرىپ ئاگاھلاندۇرىمەنكى: كىمدىكىم بۇ سۆزلەرگە بىرنېمىنى قوشسا، خۇدا ئۇنىڭغا بۇ كىتابتا يېزىلغان بالايىئاپەتلەرنى قوشىدۇ. كىمدىكىم بۇ بېشارەتلىك كىتابنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر سۆزنى ئېلىپ تاشلىسا، خۇدامۇ ئۇنىڭدىن بۇ كىتابتا يېزىلغان ھاياتلىق دەرىخىدىن ۋە مۇقەددەس شەھەردىن بولىدىغان نېسىۋىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ».

خۇدانىڭ ھەممىنى باشقۇرىدىغان، بارلىق ئىنسانلارنىڭ پىلانلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان پىلانىدا بۇ سۆزلەر پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلار (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل) نىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزلەرنى پەقەت ۋەھيي كىتابىغا باغلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل ئىنجىل، شۇنداقلا پۈتكۈل مۇقەددەس كىتابقا باغلىق دەپ قارايمىز. شۇڭا «ۋەھيي»نى خۇدانىڭ ئاخىرقى مەنزىل كىتابى، يەنى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان ئاخىرقى يازما كىتاب، دەپ ئىشىنىمىز. دەرۋەقە، كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق مەزمۇنغا، يەنى ئاخىرقى زاماندىكى ئىشلار ۋە خۇدانىڭ تۈپ مەقسەت-مۇددىئالىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭغا يەنە باشقا مەزمۇنلارنى قوشۇشقىمۇ لايىق بولارمۇ، دەيمىز.

«ۋەھيي»گە شەرھ بەرمەكچى بولغانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇشبۇ كىتابنى چۈشىنىش ئىنتايىن تەس دەپ ئاغرىنغان. بىز ئۇنداق قارىمايمىز. كىتابتىكى نۇرغۇن بېشارەتلەر «سىمۋوللۇق شەكىل»دە بولغان. بۇ سىمۋوللارنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاساسەن تەۋراتتا ۋە شۇنىڭدەك مەسىھنىڭ ئىنجىلدىكى «تۆت بايان»دا خاتىرىلەنگەن، ئاخىرقى زامانلار توغرۇلۇق تەلىملىرىدە تېپىلىدۇ. خۇدا تەۋراتتا ئۆز بەندىلىرىگە ئاللىقاچان يەتكۈزگەن، شۇنداقلا رەب ئۆزى بەرگەن، «تۆت بايان»دا خاتىرىلەنگەن بۇ قىممەتلىك بېشارەت-تەلىملەرنى ئىستىقامەت قىلىپ چۈشىنىشكە ۋاقىت ئاجرىتىشنى ئېغىر كۆرگەنلەرگە نىسبەتەن «ۋەھيي»نى ئوقۇش دەرۋەقە تېخىمۇ باش قاتۇرىدىغان ئىش بولىدۇ. لېكىن خۇدا ئاللىقاچان نازىل قىلغان بېشارەتلەرنى چۈشىنىشكە بېرىلگەنلەر ئۈچۈن «ۋەھيي»نىڭ ئۆزىمۇ ئۆز مەنىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ، دېگەن ئىشەنچىمىز بار. ئەيسانىڭ مۇنۇ سىرلىق سۆزلىرى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر: «كىمدە بار بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدا مولچىلىق بولىدۇ؛ ئەمما كىمدە يوق بولسا،

ھەتتا ئۇنڭدا بار بولغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.» («مات.» 12:13)

شۇنداقتىمۇ، ئىشەنگەنلەردىن ئەڭ سەبىيلىرىمۇ گەرچە كىتابتىكى تەپسىلاتلارنى ئانچە چۈشەنمىسىمۇ، كىتابنى ئوقۇغىنىدا بەخت تاپىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز (3:1). بىرىنچىدىن، مەسىھنىڭ ۋە بەندىلىرىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى كىتابتا ئېنىق ئاشكارىلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇرمەنلەرگە بېشارەت قىلىنغان ۋەقەلەردىن (گەرچە تەپسىلاتلىرىنى دەسلەپتە ئېنىق چۈشەنمىسىمۇ) كۆپ قىممەتلىك روھىي پرىنسىپلار يورۇتۇلىدۇ ۋە ئۈچىنچىدىن، بېشارەت قىلىنغان ۋەقەلەردىن ئوقۇرمەنلەر ئۆز زامانىدىكى بەزى خەتەرلىك ۋەزىيەتلەرنى بايقىيالايدۇ، شۇنداقلا بۇلار توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ.

گەرچە قارىشىمىزچە بېشارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرقى كۈنلەرنى كۆرسەتسىمۇ، ھەر دەۋردىكى ئېتىقادچىلار بۇ بېشارەتلەرنىڭ تارىختا «قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش»لىرىنى بايقاپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق «قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش»لىرىنى ئاخىرقى زامانلاردىكى بېشارەت قىلىنغان ۋەقەرلەرنىڭ «ئالدىن كۆرسىتىلگەن كۆلەڭگۈسى» دېگىلى بولىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بۇنىڭغا بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز. شۇنىڭدەك ئوقۇرمەنلەرگە كىتابتا يەتكۈزۈلگەن ئومۇمىي ئۇقۇملار ۋە ئۇنىڭدىكى ئاجايىب قۇرۇلما توغرۇلۇق توختىلىمىز، شۇنداقلا بېشارەتلەرنى يېشىپ ئېچىشى ئۈچۈن تەۋراتتىكى بېشارەتلەردىن بەزى ئاچقۇچلار بىلەن تەمىنلەيمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزى ئايەتلەرنىڭ يېنىغا شۇ ئايەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تەۋراتتىكى مۇناسىۋەتلىك بېشارەتلەر ياكى تەلىملەرنىڭ ئورنىنى كىچىك ھەرپلەر بىلەن ئىزاھلاپ كۆرسىتىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ئىزاھاتلىرىمىزنى تولۇق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

«ۋەھيي»نى تەتقىق قىلغان بىر ئالىم: «ۋەھيي»نىڭ تېكىستىدە تەۋراتتىكى سۆزلەرنى ئوچۇق نەقىل كەلتۈرگەن ياكى تېكىستنىڭ ئىچىگە ماس ھالدا قىستۇرغان مىڭدىن ئارتۇق جاي بار» دەپ ھېسابلايدۇ.

مەزمۇن:

1. مۇقەددىمە - دەسلەپكى بېشارەت (1-باب 1 - 8-ئايەتلەر)
2. يۇھاننا رەب ئەيسا مەسىھنى كۆرىدۇ (1-باب 9 - 20-ئايەتلەر)
3. يەتتە جامائەتكە يېزىلغان يەتتە پارچە خەت (2-، 3-بابلار)
4. يەتتە مۆھۈر بىلەن پېچەتلەنگەن ئورام يازما (4-بابتىن 8-باب 1-ئايەتكىچە)
5. يەتتە كاناي (8-باب 2-ئايەتتىن 11-بابقىچە)
6. ئالامەت بولغان ئايال، يەتتە باشلىق ئەجدىھا ۋە ئىككى دىۋە (12-، 13-بابلار)
7. 144000 سادىق قۇل-خىزمەتكار؛ «ئورما» ۋاقتى كەلدى (14-باب)
8. «يەتتە چىنە»، يەتتە «ئاخىرقى بالايىئاپەت» (15-16-بابلار)
9. بابىلنىڭ گۇمران بولۇشى (17-بابتىن 4:19)
10. ساختا پەيغەمبەر، دىۋە ۋە ئىبلىسنىڭ تارتقان جازاسى؛ (5:19-21)
11. مەسىھنىڭ يەر يۈزىدە مىڭ يىللىق ھۆكۈم سۈرۈشى (1:20-6)
12. ئاخىرقى سىناق ۋە ئاخىرقى ھۆكۈم (7:20-15)
13. يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن (1:21 - 5:22)
14. خاتىمە (6:22 - 21)

مۇشۇ مەزمۇنلارنى باشقا بىر شەكىلگە كەلتۈرسەك، ئاساسىي قۇرۇلما پەيدا بولىدۇ: ـــــ

(1) (1-باب) مۇقەددىمە - يۇھاننانىڭ رەبنى كۆرۈشى
(2) (2-، 3-باب) يۇھانناغا «يەتتە جامائەت»كە بېغىشلانغان «يەتتە خەت» تاپشۇرۇلىدۇ
(3) (4-، 5-باب) «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىن كېيىنكى ۋاقىت ـــــ ئەرشتىكى بىر كۆرۈنۈش
(4) (6-باب) يەتتە پېچەتتىن ئالتە پېچەت ئېچىلىدۇ
<u>«ئاخىرەت» بولىدۇ.</u>

(5) (7-باب) «قىستۇرما» ۋەھيي ـــــ 144000 ۋە «زور بىر توپ ئادەملەر».
(6) (1:8) يەتتىنچى پېچەت ئېچىلىدۇ

(7) (1:8-21:9) يەتتە كانايدىن ئالتە كاناي چېلىنىدۇ
(8) (10-باب) «قىستۇرما» ۋەھيي ـــــ يۇھاننانىڭ كۆپرەك بېشارەت بېرىشى ئۈچۈن
يەنە بىر ئورام يازما تاپشۇرۇلىدۇ
(9) (11-باب) يېرۇسالېم، ئاخىرقى 1260 كۈن، «ئىككى گۇۋاھچى»
يەتتىنچى كاناي چېلىنىدۇ؛
<u>«ئاخىرەت» بولىدۇ.</u>

(10) (12-باب) كەيىنگە قاراش ارىخ؛ ئىبلىس ۋە ئىسرائىل؛
«دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ ئالدىنقى يېرىمى
(11) (13-باب) دىۋە ۋە ساختا پەيغەمبەر؛
«دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ كېيىنكى يېرىمى
(12) (14-باب) 144000؛ 3 پەرىشتىنىڭ خەۋىرى؛ ئاخىرقى ئىككى ئورما ئورۇلۇش؛
<u>«ئاخىرەت» بولىدۇ.</u>

(13) (15-باب) «يەتتە چىنە»دىكى يەتتە بالايىئاپەت تونۇشتۇرۇلىدۇ.
(14) (16-باب) «يەتتە چىنە» تۆكۈلىدۇ؛ رەب بوسۇغىغا كېلىپ قالدى؛
<u>«ئاخىرەت» بولىدۇ.</u>

(15) (17-، 18-باب) كەيىنگە قاراش - بابىل، پاھىشە ئايال
(16) (19-باب) رەبنىڭ قايتىپ كېلىشىنىڭ تەپسىلاتلىرى؛
<u>«ئاخىرەت» بولىدۇ.</u>

(17) (20-باب) شەيتاننىڭ باغلىنىشى؛ مىڭ يىللىق سەلتەنەت؛
ئاخىرقى سىناق، ئاخىرقى سوراق
(18) (21-22-باب) يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن

# ۋەھيي

1 [1]بۇ كىتاب 1 ئەيسا مەسىھنىڭ ۋەھيىسى، يەنى خۇدا
ئۇنىڭغا ئۆز قۇل-خىزمەتكارلىرىغا يېقىن كەلگۈسىدە
يۈز بېرىشى مۇقەررەر بولغان ئىشلارنى كۆرسىتىشى ئۈچۈن
تاپشۇرغان ۋەھيىدۇر. مەسىھ بۇنى ئۆز پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ
قۇلى يۇھاننانغا ئالامەتلەر بىلەن ئايان قىلدى. [2]يۇھاننا بولسا
خۇدانىڭ سۆز-كالامى ھەمدە ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى
گۇۋاھلىققا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە گۇۋاھلىق بەردى. [3]بۇ
بېشارەتنى ئوقۇپ بەرگۈچى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدا
پۈتۈلگەنلەرگە ئىتائەت قىلغۇچى بەختلىكتۇر! چۈنكى ۋەھيىنىڭ
ۋاقتى يېقىندۇر.

## روسۇل يۇھاننانىڭ «كىچىك ئاسىيا»دىكى يەتتە جامائەتكە يوللىغان سالاملىرى ۋە خەتلىرى

[4]مەنكى يۇھاناندىن ئاسىيا ئۆلكىسىدىكى يەتتە جامائەتكە سالام!
ھازىر بار بولغان، ئۆتكەندىمۇ بولغان ھەم كەلگۈسىدە كەلگۈچىدىن،

1:1 **«بۇ كىتاب ئەيسا مەسىھنىڭ ۋەھيىسى»** — «ئەيسا مەسىھنىڭ ۋەھيىسى» ھەم ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا ھەم ئۇنىڭدىن كەلگەن ۋەھيىدۇر. **«خۇدا ئۇنىڭغا ئۆز قۇل-خىزمەتكارلىرىغا يېقىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى مۇقەررەر بولغان ئىشلارنى كۆرسىتىشى ئۈچۈن تاپشۇرغان ۋەھيىدۇر»** — خۇدانىڭ «قۇل-خىزمەتكارلىرى» ئىنجىلدا خۇدانىڭ «قۇللۇق»دا بولغانلار، يەنى مەجبۇرىي ھالدا ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدە چىن كۆڭلىدىن شۇنداق تاللىۋالغانلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

3:1 **«ۋەھيىنىڭ ۋاقتى يېقىندۇر»** — «ۋەھيىنىڭ ۋاقتى» دېگەن، بۇ ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋاقتى.

**3:1** ۋەھ. 22:7، 10.

ئۇنىڭ تەختىنىڭ ئالدىدىكى يەتتە روھتىن [5] ۋە سادىق گۇۋاھچى،
ئۆلۈمدىن تۇنجى تىرىلگۈچى، جاھاندىكى پادىشاھلارنىڭ
ھۆكۈمرانى بولغان ئەيسا مەسىھتىن سىلەرگە مېھىر-شەپقەت ۋە
خاتىرجەملىك بولغاي.
ئەمدى بىزنى سۆيگۈچى، يەنى ئۆز قېنى بىلەن بىزنى
گۇناھلىرىمىزدىن يۇغان [6] ۋە بىزنى بىر پادىشاھلىققا ئۇيۇشتۇرۇپ،
ئۆز ئاتىسى خۇداغا كاھىنلار قىلغانغا بارلىق شان-شەرەپ ۋە كۈچ-
قۇدرەت ئەبەدىلئەبەدگىچە بولغاي، ئامىن!
[7] مانا، ئۇ بۇلۇتلار بىلەن كېلىدۇ، شۇنداقلا ھەر بىر كۆز، ھەتتا ئۇنى
سانجىغانلارمۇ ئۇنى كۆرىدۇ. يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل قەبىلە-خەلق ئۇ
سەۋەبلىك ئاھ-زار كۆتۈرىدۇ. شۇنداق بولىدۇ، ئامىن!

4:1 **«ئۇنىڭ تەختىنىڭ ئالدىدىكى يەتتە روھتىن... مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك بولغاي»** — «يەتتە» دېگەن سانىنىڭ كامالەتكە يەتكەن، مۇكەممەل دېگەن مەنىسى بولۇپ، بەزى ئالىملار بۇ «يەتتە روھ» خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ يەتتە تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ (6:5نى ۋە «يەش.» 2:11نى كۆرۈڭ). باشقىلار ئۇلارنى يەتتە پەرىشتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر: «يەتتە تەرەپلىك روھ» ياكى «يەتتە تەرەپلىملىك روھ» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

**4:1** مىس. 14:3؛ ۋەھ. 1:8؛ 8:4؛ 17:11؛ 5:16.

5:1 **«ئۆلۈمدىن تۇنجى تىرىلگۈچى»** — گرېك تىلىدا مۇشۇ يەردىكى «تۇنجى» ئادەتتە «بىرىنچى بولۇپ تۇغۇلغان»نى كۆرسىتىدۇ. سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى توغرۇلۇق «كول.» 16:1-17 ۋە 18-ئايەتتىكى ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ. **«ئۆز قېنى بىلەن بىزنى گۇناھلىرىمىزدىن يۇغان»** — ياكى «ئۆز قېنى بىلەن بىزنى گۇناھلىرىمىزدىن ئازاد قىلغان».

**5:1** يەش. 4:55؛ روس. 28:20؛ 1كور. 20:15؛ كول. 18:1؛ ئىبر. 12:9، 14؛ 1پېت. 19:1؛ 1يۇھ. 7:1؛ ۋەھ. 14:3؛ 9:5

6:1 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «مىس.» 6:19

**6:1** مىس. 6:19؛ رىم. 1:12؛ 1پېت. 5:2، 9؛ ۋەھ. 10:5.

7:1 **«ھەتتا ئۇنى سانجىغانلارمۇ ئۇنى كۆرىدۇ»** — ياكى «يەنى ئۇنى سانجىغانلارمۇ ئۇنى كۆرىدۇ». **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «دان.» 13:7، «زەك.» 10:12

**7:1** دان. 13:7؛ زەك. 10:12؛ مات. 30:24؛ يۇھ. 31:25؛ 37:19؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 10:1؛ 2تېس. 10:1؛ يەھ. 14.

[8]مەن «ئالفا» ۋە «ئومېگا»، مۇقەددىمە ۋە خاتىمە ئۆزۈمدۇرمەن، ھازىر بار بولغان، بۇرۇنمۇ بار بولغان ھەم كەلگۈسىدىمۇ بار بولغۇچىدۇرمەن، شۇنداقلا ھەممىگە قادىردۇرمەن، دەيدۇ پەرۋەردىگار خۇدا.

## تىرىلگەن مەسىھنىڭ يۇھاننىغا كۆرۈنۈشى

[9]سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار ھەم سىلەر بىلەن بىرگە ئەيسادا بولغان ئازاب-ئوقۇبەت، پادىشاھلىق ۋە سەۋر-تاقەتتىن ئورتاق نېسىپدىشىڭلار بولغان مەنكى يۇھاننا خۇدانىڭ سۆز-كالامى ۋە ئەيسانىڭ گۇۋاھلىقى ۋەجىدىن پاتموس دېگەن ئارالدا مەھبۇس بولۇپ تۇرۇپ قالغاندىم. [10]«رەببىنىڭ كۈنى»دە مەن روھنىڭ ئىلكىگە ئېلىنىشىم بىلەن، كەينىمدىن كاناي ئاۋازىدەك كۈچلۈك بىر ئاۋازنى

---

8:1 **«مەن «ئالفا» ۋە «ئومېگا»... دۇرمەن»** ــ گرېك تىلىدا «ئالفا» بىرىنچى ھەرپ، «ئومېگا» ئاخىرقى ھەرپتۇر. دېمەك، خۇدا باش ۋە ئاخىردۇر. بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە «مۇقەددىمە ۋە خاتىمە ئۆزۈمدۇرمەن» دېگەن سۆزلەر تېپىلمايدۇ.

**8:1** يەش. 4:41؛ 6:44؛ ۋەھ. 6:21؛ 13:22.

9:1 **«ئەيسادا بولغان ئازاب-ئوقۇبەت، پادىشاھلىق ۋە سەۋر-تاقەتتىن ئورتاق نېسىپدىشىڭلار»** ــ دېمەك، ئەيسا مەسىھدە بولغانلار چوقۇم ھەم ئۇنىڭ نامى ۋەجىدىن ئازاب-ئوقۇبەت تارتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتىدىن كۈچ ئېلىشى كېرەك بولىدۇ، ھەم ئۇنىڭدا بولغان پادىشاھلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. **«ئەيسانىڭ گۇۋاھلىقى ۋەجىدىن»** ــ دېمەك «ئەيسا توغرىسىدىكى گۇۋاھلىق»؛ باشقا خىل مەنىسى «ئەيسا (ئۆزى) بەرگەن گۇۋاھلىق». **«پاتموس دېگەن ئارالدا مەھبۇس بولۇپ تۇرۇپ قالغاندىم»** ــ پاتموس رىملىقلارنىڭ دەھشەتلىك «ئەمگەك لاگېرى» بولغان تۈرمە ئىدى. يۇھاننا مەزكۇر كىتابنى يېزىۋاتقاندا پاتموس ئارىلىدىن ئازاد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاڭلىدىم. 11 بۇ ئاۋاز: «كۆرىدىغانلىرىڭنى كىتاب قىلىپ ياز ۋە ئۇنى
يەتتە جامائەتكە، يەنى ئەفەسۇس، سىمىرنا، پەرگامۇم، تىياتىرا،
ساردىس، فىلادېلفىيە ۋە لائودىكىيادىكى جامائەتلەرگە ئەۋەت» دېدى.

12 ماڭا سۆز قىلغان ئاۋازنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن
كەينىمگە بۇرۇلدۇم. بۇرۇلغىنىمدا، كۆزۈمگە يەتتە ئالتۇن چىراغدان
13 ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچىسىغا پۇتلىرىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان
تون كىيگەن، كۆكسىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان ئىنسانئوغلىغا
ئوخشايدىغان بىرى كۆرۈندى. 14 ئۇنىڭ باش-چېچى ئاق يۇڭدەك،

---

10:1 **««رەبنىڭ كۈنى»دە مەن روھنىڭ ئىلكىگە ئېلىنىشىم بىلەن...»** — «رەبنىڭ كۈنى» ياكى «رەبلىك كۈن». ئالىملار بۇ توغرۇلۇق ئۈچ پىكىردە بولىدۇ: — (1) رەبنىڭ كۈنى يەكشەنبە كۈنى (رەب ئۆلۈمدىن تىرىلگەن كۈن)نى كۆرسىتىدۇ؛ (2) تەۋراتتا كۆپ تىلغا ئېلىنغان، قىيامەت كۈنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخىرقى زامانلاردىكى ئاخىرقى دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنى، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نى كۆرسىتىدۇ، مۇشۇ كۆزقاراش بويىچە بولغاندا يۇھاننا روھتا كۆتۈرۈلۈپ كەلگۈسىدىكى زامانلارغا يۆتكىلىپ «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نى كۆرىدۇ؛ (3) شۇ ۋاقىتلاردا ھەر يىلىنىڭ بىر كۈنىدە رىم ئىمپېراتورى (شۇ ۋاقىتتا دومىتىيان ئىدى) بارلىق پۇقرالىرىنى ئۆزىگە سەجدە قىلدۇرۇپ: «قەيسەر رەبتۇر!» دەپ ئېتىراپ قىلىپ، خۇشبۇي سېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. شۇڭا شۇ كۈنى «رەبنىڭ كۈنى» دەپ ئاتالغان. بىزنىڭچە «رەبنىڭ كۈنى» دەل شۇ كۈننى كۆرسىتىدۇ؛ لېكىن كىنايىلىك ھەم ھەجۋىيلىك ئىش شۇكى، رەب دەل شۇ كۈنىدە (2-كۆزقاراشتىكىدەك) ئۆزىنىڭ، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»نى ئايان قىلىشنى لايىق كۆردى. **«مەن روھنىڭ ئىلكىگە ئېلىنىشىم بىلەن...»** — «روھ» خۇدانىڭ روھى، مۇقەددەس روھنى كۆرسىتىدۇ.

**10:1** ۋەھ. 2:4.

11:1 **«سىمىرنا»** — ھازىرقى تۈركىيەدىكى «ئىزمىر». **«كۆرىدىغانلىرىڭنى كىتاب قىلىپ ياز ۋە ئۇنى يەتتە جامائەتكە، يەنى ئەفەسۇس، سىمىرنا، پەرگامۇم، تىياتىرا، ساردىس، فىلادېلفىيە ۋە لائودىكىيادىكى جامائەتلەرگە ئەۋەت»** — بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ھەممىسى بىر دۈگىلەكتە بىر-بىرىگە يانداش جايلاشقانىدى. روسۇل يۇھاننا ياشانغاندا ئەفەسۇس شەھىرىدە ماكانلاشقانىدى. «قوشۇمچە سۆز» ۋە خەرىتىنى كۆرۈڭ.

12:1 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «مىس.» 25:31-40.

**12:1** مىس. 25:31-40

13:1 **«كۆكسىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان ئىنسانئوغلى»** — ياكى «كۆكسىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان ئىنساننىڭ بىر ئوغلى». «دان.» 7:13نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ.

**13:1** ئەز. 1:26؛ دان. 7:13؛ ۋەھ. 14:14.

هەتتا قاردەك ئاپئاق ئىدى ۋە كۆزلىرى گويا يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتتەك
ئىدى. [15] پۇتلىرى خۇمداندا تاۋلىنىپ پارقىرىغان تۇچقا ئوخشايتتى،
ئاۋازى شارقىراپ ئېقىۋاتقان نۇرغۇن سۇلارنىڭ ئاۋازىدەك ئىدى. [16] ئۇ
ئوڭ قولىدا يەتتە يۇلتۇز تۇتقان بولۇپ، ئاغزىدىن ئىككى بىسلىق
ئۆتكۈر قىلىچ چىقىپ تۇراتتى. چىرايى خۇددى قۇياشنىڭ تولۇق
كۈچىدە پارلىغاندەك يارقىن ئىدى.
[17] ئۇنى كۆرگىنىمدە، ئايىغىغا ئۆلۈكتەك يىقىلدىم. ئۇ ئوڭ قولىنى
ئۈستۈمگە تەگكۈزۈپ مۇنداق دېدى:
قورقما، ئاۋۋالقىسى ۋە ئاخىرقىسى [18] ھەمدە ھايات بولغۇچى
ئۆزۈمدۇرمەن. مەن ئۆلگەنىدىم، ئەمما مانا، مەن ئەبەدىلئەبەدگىچە
ھاياتتۇرمەن، ئۆلۈم ۋە تەھتىسارانىڭ ئاچقۇچلىرى قولۇمدىدۇر!
[19] شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆرگەن ئىشلارنى، ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنى ۋە
بۇلاردىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى يېزىپ قالدۇر. [20] سەن ئوڭ
قولۇمدا كۆرگەن يەتتە يۇلتۇزنىڭ ۋە يەتتە ئالتۇن چىراغداننىڭ سىرى
مانا مۇنداق ــ يەتتە يۇلتۇز يەتتە جامائەتنىڭ ئەلچىلىرى ۋە يەتتە
چىراغدان بولسا يەتتە جامائەتتۇر.

---

**14:1** دان. 9:7؛ ۋەھ. 12:19.

**15:1** ۋەھ. 2:14.

16:1 **«مۇناسۋەتلىك ئايەت»** ــ «دان.» 13:7.

**16:1** يەش. 2:49؛ دان. 7:13؛ ئەف. 17:6؛ ئىبر. 12:4؛ ۋەھ. 16:2؛ 15:19.

**17:1** يەش. 4:41؛ 6:44؛ 12:48.

**18:1** ئايۇپ 14:12؛ يەش. 22:22؛ رىم. 9:6؛ ۋەھ. 7:3؛ 1:20.

20:1 **«يەتتە يۇلتۇز يەتتە جامائەتنىڭ ئەلچىلىرى ۋە يەتتە چىراغدان بولسا يەتتە جامائەتتۇر»** ــ «ئەلچىلىرى» باشقا خىل تەرجىمىسى: «پەرىشتىلىرى». گرېك تىلىدا ھەم ئىبرانىي تىلىدا «پەرىشتە» ۋە «ئەلچى» بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (پەرىشتىلەر خۇدانىڭ ئەلچىلىرى بولغاچ). بىزنىڭچە مۇشۇ يەردە جامائەتلەر ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى كۆرسەتسە كېرەك، چۈنكى پەرىشتىلەرگە خەت يېزىش ھاجەتسىز ئىدى. يەتتە ئەلچى پاتموس ئارىلىغا بېرىپ يۇھاننادىن ھال سوراشقا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

# ئەفەسۇستىكى جامائەتكە يېزىلغان خەت

2 [1] ـ ئەفەسۇستىكى جامائەتنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق يازغىن:
«ئوڭ قولىدا يەتتە يۇلتۇزنى تۇتۇپ، يەتتە ئالتۇن چىراغدانىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ماڭغۇچى مۇنداق دەيدۇ:
[2] ـ سېنىڭ ئەجىر-ئەمەللىرىڭنى، تارتقان جاپالىرىڭنى ھەم
سەۋر-تاقىتىڭنى، رەزىل ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىغا چىداپ
تۇرالمايدىغانلىقىڭنى، شۇنداقلا روسۇل بولمىسىمۇ ئۆزلىرىنى
روسۇل دەپ ئاتىۋالغانلارنى سىناپ، ئۇلارنىڭ يالغانچى بولغانلىقىنى
تونۇغانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن. [3] شۇنداق، سېنىڭ سەۋر-تاقەت
قىلىۋاتقانلىقىڭنى، مېنىڭ نامىم ۋەجىدىن جاپا-مۇشەققەتكە
بەرداشلىق بەرگەنلىكىڭنى ئەمما ئېرىنمىگەنلىكىڭنى بىلىمەن.
[4] لېكىن ساڭا شۇ بىر ئېتىرازىم باركى، سەن ئۆزۈڭدىكى دەسلەپكى
مېھىر-مۇھەببەتتىن ۋاز كەچتىڭ. [5] شۇڭا قايسى ھالەتتىن يىقىلىپ
چۈشكەنلىكىڭنى ئېسىڭگە ئېلىپ توۋا قىلغىن، ئاۋۋالقى
ئەمەللەرنى قايتا قىلغىن. بولمىسا يېنىڭغا كېلىمەن ۋە توۋا
قىلمىساڭ چىراغدىنىڭنى جايىدىن يۆتكىۋېتىمەن. [6] بىراق، سېنىڭ
شۇ ئارتۇقچىلىقىڭ باركى، مەن ئۆزۈم نەپرەتلىنىدىغان نىكولاس

2:2 «**سېنىڭ ئەجىر-ئەمەللىرىڭنى، تارتقان جاپالىرىڭنى ھەم سەۋر-تاقىتىڭنى، رەزىل ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىغا چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىڭنى... بىلىمەن**» ــ بۇ تولۇق سۆز ئەلچىگە ئېيتىلغىنى بىلەن شۈبھىسىزكى، پۈتكۈل جامائەتكە (بىر ئادەم سۈپىتىدە) ئېيتىلىدۇ.
5:2 «**... بولمىسا يېنىڭغا كېلىمەن ۋە توۋا قىلمىساڭ چىراغدىنىڭنى جايىدىن يۆتكىۋېتىمەن**» ــ ئەفەسۇستا ھازىر جامائەت بولمايلا قالماي، ھەتتا شەھەر ئۆزى خارابىلىك بولىدۇ.

تەرەپدارلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن سەنمۇ نەپرەتلىنىسەن.
[7] قۇلىقى بارلار روھنىڭ جامائەتلەرگە دېگەنلىرىنى ئاڭلىسۇن! غەلىبە قىلغۇچىلارنى خۇدانىڭ جەننىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىدىن يېيىشكە مۇيەسسەر قىلىمەن».

## ئىزمىر (سمىرنى)دىكى جامائەتكە يېزىلغان خەت

[8] ــ ئىزمىردىكى جامائەتنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق يازغىن: ــ
«ئاۋۋالقىسى ۋە ئاخىرقىسى، ئۆلگەن ۋە تىرىلگۈچى مۇنداق دەيدۇ:
[9] ــ سېنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىڭنى ۋە نامراتلىقىڭنى بىلىمەن (لېكىن سەن باي!)، يەھۇدىي ئەمەس تۇرۇپ ئۆزلىرىنى يەھۇدىي دەۋالغان، شەيتاننىڭ بىر سىناگوگى بولغانلارنىڭ تۆھمەتلىرىنىمۇ بىلىمەن.
[10] ئالدىڭدا چېكىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن قورقما. مانا، ئىبلىس ئاراڭلاردىن بەزىلىرىڭلارنى سىنىلىشىڭلار ئۈچۈن يېقىندا زىندانغا تاشلىتىدۇ. سىلەر ئون كۈن قىيىنىلىسىلەر. تاكى ئۆلگۈچە سادىق

2:6 **«مەن ئۆزۈم نەپرەتلىنىدىغان نىكولاس تەرەپدارلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن سەنمۇ نەپرەتلىنىسەن»** ــ «نىكولاس تەرەپدارلىرى»نىڭ كىم ئىكەنلىكى ھازىر ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر ئۇلارنى «روس.»، 6:5-ئايەتتىكى «نىكولاس» ئىسىملىك جامائەت خىزمەتكارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ؛ لېكىن بىزنىڭچە بۇنىڭغا ئېنىق ئىسپات تېپىلمىدى. ھېچبولمىغاندا ئۇلار ئېتىقادچىلارنى جىنسىي بۇزۇقلۇققا ئازدۇرماقچى بولغانىدى (14-15-ئايەتنى كۆرۈڭ).
**2:6** ۋەھ. 15:2
**2:7** يار. 9:2؛ ۋەھ. 22:2.
**2:8** **«ئىزمىر»** ــ كونا ئىسمى «سمىرنا»
**2:8** يەش. 4:41؛ 6:44؛ ۋەھ. 17:1.
2:9 **«... يەھۇدىي ئەمەس تۇرۇپ ئۆزلىرىنى يەھۇدىي دەۋالغان، شەيتاننىڭ بىر سىناگوگى بولغانلارنىڭ تۆھمەتلىرىنىمۇ بىلىمەن»** ــ ئىمپېراتور دومىتىيان ھۆكۈم سۈرگەن بەزى ۋاقىتلاردا بىرسى ئۆزىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقى كېرەك دېگەن بىر قانۇن كۈچكە ئىگە ئىدى؛ شۈبھىسىزكى، بەزى «ئېتىقادچىلار» ۋە باشقىلار بۇ قانۇندىن قالايمىقان پايدىلىنىپ زىيانكەشلىكتىن قېچىپ، شۇنداقلا باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزگەنىدى.

بولغىن، مەن ساڭا ھاياتلىق تاجىنى كىيدۈرىمەن.
[11] قۇلىقى بارلار روھنىڭ جامائەتلەرگە دېگەنلىرىنى ئاڭلىسۇن! غەلىبە
قىلغۇچىلار ئىككىنچى ئۆلۈمنىڭ زىيىنىغا ھەرگىز ئۇچرىمايدۇ!».

## پەرگامۇمدىكى جامائەتكە يېزىلغان خەت

[12] ــ پەرگامۇمدىكى جامائەتنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق يازغىن: ــ
«ئىككى بىسلىق ئۆتكۈر قىلىچى بار بولغۇچى مۇنداق دەيدۇ:
[13] ــ مەن سەن ئولتۇرغان يەرنى، يەنى شەيتاننىڭ تەختى بولغان جاينى
بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ، سەن مېنىڭ نامىمنى چىڭ تۇتۇپ، ھەتتا
سادىق گۇۋاھچىم ئانتىپاس ماكانىڭلاردا، يەنى شەيتان تۇرغان جايدا
قەتل قىلىنغان كۈنلەردىمۇ، ماڭا قىلغان ئېتىقادىڭدىن تېنىپ
كەتمىدىڭ. [14] لېكىن ساڭا شۇ بىرنەچچە ئېتىرازىم باركى، ئاراڭلاردا
بالائامنىڭ تەلىمىگە ئەگەشكەنلەردىن بەزىلەر بولماقتا ــ بالائام
بولسا بالاققا ئىسرائىللارنى بۇتقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىنغان گۆشنى
يېيىش ۋە جىنسىي بۇزۇقلۇق قىلىشقا ئازدۇرۇشنى ئۆگەتكەنىدى.
[15] شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا نىكولاس تەرەپدارلىرىنىڭ
تەلىمىنى تۇتقانلارمۇ بار. [16] شۇنىڭ ئۈچۈن، توۋا قىل! ئۇنداق
قىلمىساڭ، يېنىڭغا تېز ئارىدا بېرىپ، ئاغزىمدىكى قىلىچىم بىلەن
شۇلارغا ھۇجۇم قىلىمەن.
[17] قۇلىقى بارلار روھنىڭ جامائەتلەرگە دېگەنلىرىنى ئاڭلىسۇن!
غەلىبە قىلغۇچىلار بولسا يوشۇرۇپ قويغان ماننادىن بېرىمەن ۋە
ھەربىرىگە بىردىن ئاق تاش بېرىمەن. تاش ئۈستىدە يېڭى بىر ئىسىم

**11:2** مات. 9:13.

**12:2** ۋەھ. 16:1؛ 16:2.

**14:2** **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «چۆل.» 22-24-باب، 16:31.

**14:2** چۆل. 23:22؛ 14:24؛ 1:25؛ 16:31.

**15:2** ۋەھ. 6:2

**16:2** يەش. 2:49؛ ئەف. 17:6؛ ئىبر. 12:4؛ ۋەھ. 16:1.

پۇتۇكلۇك بولىدۇ، شۇ ئىسىمنى ئۇنى قوبۇل قىلغان كىشىدىن باشقا
ھېچكىم بىلمەيدۇ».

## تىياتىرادىكى جامائەتكە يېزىلغان خەت

[18] ــ تىياتىرادىكى جامائەتنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق يازغىن: ــ
«كۆزلىرى يالقۇنلىغان ئوتقا ۋە پۇتلىرى پارقىراق تۇچقا ئوخشايدىغان
خۇدانىڭ ئوغلى مۇنداق دەيدۇ:
[19] ــ سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى، مېھىر-مۇھەببىتىڭنى، ئېتىقادىڭنى،
ئەجىر-خىزمىتىڭنى ۋە سەۋر-تاقىتىڭنى، شۇنداقلا ھازىرقى
ئەمەللىرىڭنىڭ ئاۋۋالقىدىن ئېشىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىمەن.
[20] لېكىن، ساڭا شۇ بىر ئېتىرازىم باركى، ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ
ئاتىۋالغان ئاشۇ خوتۇن يىزەبەلگە يول قويۇۋاتىسەن. ئۇ خوتۇن
قۇل-خىزمەتكارلىرىمغا تەلىم بېرىپ، ئۇلارنى جىنسىي بۇزۇقلۇق
قىلىشقا ۋە بۇتقا ئاتاپ نەزىر قىلىنغان گۆشنى يېيىشكە ئازدۇر
ماقتا. [21] مەن ئۇنىڭغا توۋا قىلغۇدەك ۋاقىت بەرگەنىدىم، لېكىن
ئۇ ئۆز بۇزۇقلۇقىغا توۋا قىلىشنى خالىمايدۇ. [22] ئەمدى مانا، مەن
ئۇنى ئېغىر كېسەل ئورنىغا تاشلاپ ياتقۇزىمەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن
زىنا قىلغانلار قىلمىشلىرىغا توۋا قىلمىسا، ئۇلارنىمۇ ئېغىر
ئازابقا چۆمدۈرىمەن. [23] ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ ئەجەللىك كېسەل

---

17:2 **«غەلىبە قىلغۇچىلار بولسا يوشۇرۇپ قويغان ماننادىن بېرىمەن ۋە ھەربىرىگە بىردىن ئاق تاش بېرىمەن»** ــ «ماننا» ــــ ئىسرائىللار چۆل-باياۋاندا يۈرگەن ۋاقىتدا خۇدا ئۇلارغا ئاسماندىن چۈشۈرگەن كۈندۈلۈك ئوزۇقلۇق ئىدى («مىس.» 16:32-36-ئايەتلەرگە ۋە «يۇھ.» 6:48-58-ئايەتلەرگە قارالسۇن).

**17:2** مىس. 16:4-36.

**18:2** ۋەھ. 1:15، 14.

20:2 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «1پاد.» 16-، -18-19، 21-باب.

**20:2** 1پاد. 16:31؛ 2پاد. 9:7.

22:2 **«مانا، مەن ئۇنى ئېغىر كېسەل ئورنىغا تاشلاپ ياتقۇزىمەن»** ــ گرېك تىلىدا: «مانا، مەن ئۇنى كارىۋاتقا تاشلايمەن».

بىلەن ئۇرىمەن. شۇ چاغدا، بارلىق جامائەتلەر نىيەت-نىشانلارنى
ۋە قەلبلەرنى كۆزىتىپ تەكشۈرگۈچىنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىمنى،
شۇنداقلا مېنىڭ ھەربىرىڭلارغا قىلغان ئەمەلىيىتىڭلارغا يارىشا
ياندۇرىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. [24-25] لېكىن، تىياتىرادىكى قالغانلارغا،
يەنى بۇ تەلىمنى قوبۇل قىلمىغانلار (ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە،
شەيتاننىڭ ئاتالمىش «چوڭقۇر سىرلىرى»نى ئۆگەنمىگەنلەر)، يەنى
سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى: ئۆزۈڭلاردا بار بولغاننى مەن كەلگۈچە
چىڭ تۇتۇڭلار. ئۇستۇڭلارغا بۇنىڭدىن باشقا يۈكنى ئارتمايمەن.
[26] غەلىبە قىلغۇچىلارغا، يەنى ئەمەللىرىمنى ئاخىرغىچە چىڭ تۇتقان
كىشىلەرگە بولسا، ئۇلارغا پۈتكۈل ئەللەرگە ھاكىم بولۇش ھوقۇقىنى
بېرىمەن. [27] مانا بۇ ئاتام ماڭا بەرگەن ھوقۇققا ئوخشاش ھوقۇقتۇر: ــ
«ئۇ ئۇلارنى تۆمۈر كالتەك بىلەن پادىچىدەك باشقۇرۇپ، ساپال
قاچىلارنى ئۇرۇپ چاققاندەك تارمار قىلىدۇ».
[28] مەن ئۇنىڭغا تاڭ يۇلتۇزىنىمۇ ئاتا قىلىمەن. [29] قۇلىقى بارلار روھنىڭ
جامائەتلەرگە دېگەنلىرىنى ئاڭلىسۇن!»

---

23:2 **«ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ ئەجەللىك كېسەل بىلەن ئۇرىمەن»** ــ «پەرزەنتلىرى» بولسا جىسمانيي ياكى روھيي جەھەتتىنمۇ بولۇشى مۇمكىن. **«بارلىق جامائەتلەر نىيەت-نىشانلارنى ۋە قەلبلەرنى كۆزىتىپ تەكشۈرگۈچىنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىمنى... بىلىدۇ»** ــ «نىيەت-نىشانلار» ــ گرېك تىلىدا «بۆرەكلەر» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. **«مۇناسىۋەتلىك ئايەت»** ــ «يەر.» 10:17.

**23:2** 1سام. 7:16؛ 1تار. 9:28؛ 17:29؛ زەب.9:7؛ 12:62؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ روس. 24:1؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 12:20.

**24:2-25** ۋەھ. 11:3.

27:2 **«ئۇ ئۇلارنى تۆمۈر كالتەك بىلەن پادىچىدەك باشقۇرۇپ،...»** ــ ياكى «ئۇ ئۇلارنى شاھانە تۆمۈر ھاسا بىلەن پادىچىدەك باشقۇرۇپ،... ». **«ئۇ ئۇلارنى ... ساپال قاچىلارنى ئۇرۇپ چاققاندەك تارمار قىلىدۇ»** ــ بۇ ئايەت «زەب.» 9:2-ئايەتتىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «ئۇلار» خۇدا بىلەن قارشىلاشقان «يات ئەللەر»نى كۆرسىتىدۇ. **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «زەب.» 8:2-9، «ۋەھ.» 5:12، 15:19.

**27:2** زەب. 8:2-9؛ ۋەھ. 12:5، 15:19




ئەيسا مەسىھنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان «كىچىك ئاسىيا»دىكى يەتتە جامائەت («ۋەھيي» 2-3-باب)




كىچىك ئاسىيا - ھازىرقى تۈركىيە

## ساردىستىكى جامائەتكە يېزىلغان خەت

3 [1]ــ ساردىستىكى جامائەتنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق يازغىن: ــ
«خۇدانىڭ يەتتە روھى ۋە يەتتە يۇلتۇزنىڭ ئىگىسى بولغۇچى
مۇنداق دەيدۇ:
سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى ۋە شۇنداقلا «ھايات» دېگەن نام-ئابرۇيۇڭنىڭ
بارلىقىنى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۆلۈك ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن.
[2]شۇڭا، ئويغان، سېنىڭدە بار بولغان، ئەمما ئۆلەي دەپ قالغان
خىسلەتلىرىڭنى كۈچەيت؛ چۈنكى خۇدايىم ئالدىدا ئەمەللىرىڭنىڭ
تۈگەل ئەمەسلىكىنى بىلدىم. [3]ئۇنىڭ ئۈچۈن سۆز-كالامنى قانداق
قوبۇل قىلىپ ئاڭلىغىنىڭنى يادىڭغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ
تووۋا قىلغىن. لېكىن ئويغانمىساڭ مەن ئوغرىدەك ئۈستۈڭگە
كېلىمەن ۋە سەن قايسى سائەتتە ئۈستۈڭگە كېلىدىغىنىمنى ھەرگىز
بىلمەيسەن. [4]لېكىن ساردىستا ئۆز كىيىملىرىگە داغ تەگكۈزمىگەن
بىرنەچچە شەخس بار. ئۇلار ئاق كىيىم كىيىپ مەن بىلەن بىللە
ماڭىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنىڭغا لايىقتۇر. [5]غەلىبە قىلغۇچىلار مانا
شۇنداق ئاق كىيىملەرنى كىيىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ نامىنى ھاياتلىق
دەپتىرىدىن ھەرگىز ئۆچۈرمەيمەن، بەلكى ئۇلارنىڭ نامىنى ئاتام
خۇدانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ئېتىراپ
قىلىمەن.

---

**1:3** ۋەھ. 1:14، 16.

3:3 **« لېكىن ئويغانمىساڭ مەن ئوغرىدەك ئۈستۈڭگە كېلىمەن ۋە سەن قايسى سائەتتە ئۈستۈڭگە كېلىدىغىنىمنى ھەرگىز بىلمەيسەن»** ــ «ئوغرىدەك كېلىمەن...»: بىر قېتىم ساردىس شەھىرى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا تۇرۇۋاتقاندا «سېپىل-ئىستىھكامىمىز ھېچ بۆسۈلمەس» دەپ خاتىرجەملىكتە ئۇخلاۋاتقاندا دۈشمەن «ئوغرىدەك» كىرىپ ئۇنى ئىشغال قىلغان.

**3:3** مات. 24:43؛ 1تېس. 5:2؛ 2پېت. 3:10؛ ۋەھ. 3:19؛ 16:15.

4:3 **«لېكىن ساردىستا ئۆز كىيىملىرىگە داغ تەگكۈزمىگەن بىرنەچچە شەخس بار»** ــ «كىيىملىرىگە داغ تەگكۈزمىگەن» دېگەن ئىبارە كۆچمە مەنىدە، ئەخلاقنى كۆرسىتىدۇ. **«... بىرنەچچە شەخس بار»** ــ گرېك تىلىدا «... بىرنەچچە ناملار بار».

**5:3** مىس. 32:32؛ زەب. 69:28؛ مات. 10:32؛ لۇقا 12:8؛ فىل. 4:3؛ ۋەھ. 20:12؛ 21:27.

[6] قۇلىقى بارلار روھنىڭ جامائەتلەرگە دېگەنلىرىنى
ئاڭلىسۇن!»

## فىلادېلفىيەدىكى جامائەتكە يېزىلغان خەت

[7] ــ فىلادېلفىيەدىكى جامائەتنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق يازغىن: ــ
«مۇقەددەس ۋە ھەقىقىي بولغۇچى، شۇنداقلا داۋۇتنىڭ ئاچقۇچىغا
ئىگە بولغۇچى، ئاچسام ھېچكىم ياپالمايدۇ، ياپسام ھېچكىم
ئاچالمايدۇ دېگۈچى مۇنۇ ئىشلارنى دەيدۇ:
[8] ــ سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى بىلىمەن. سېنىڭ بىرئاز كۈچۈڭ بولغاچ
سۆز-كالامىمغا ئىتائەت قىلغىنىڭ ۋە نامىمدىن تېنىپ كەتمىگىنىڭ
ئۈچۈن، ئالدىڭدا ھېچكىم ياپالمايدىغان بىر ئىشىكنى ئېچىپ
قويدۇم. [9] مانا، شەيتاننىڭ سىناگوگىدىكىلەردىن، يەھۇدىي
ئەمەس تۇرۇپ ئۆزلىرىنى يەھۇدىي دەپ ئاتىۋالغان يالغانچىلارنى
بولسا شۇنداق ئاقىۋەتكە قالدۇرىمەنكى، ئۇلارنى كېلىپ سېنىڭ
ئايىغىڭغا باش ئۇرىدىغان ۋە مېنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىمنى
بىلىدىغان قىلىمەن. [10] سەن مېنىڭ سەۋر-تاقەت يولۇمدىكى
سۆز-كالامىمنى ساقلاپ ئەمەل قىلىشىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى

---

7:3 **«...شۇنداقلا داۋۇتنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولغۇچى»** ــ ئەيسا مەسىھ جىسمانىي جەھەتتە داۋۇت پادىشاھنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىش دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. «يەش.» 22:20-25نى كۆرۈڭ.

**7:3** ئايۇپ 14:12؛ يەش. 22:22؛ ۋەھ. 1:18؛ 14:3.

8:3 **«سېنىڭ بىرئاز كۈچۈڭ بولغاچ...»** ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «كۈچۈڭ ئاجىز بولسىمۇ،...».

9:3 **«شەيتاننىڭ سىناگوگىدىكىلەردىن، يەھۇدىي ئەمەس تۇرۇپ ئۆزلىرىنى يەھۇدىي دەپ ئاتىۋالغان يالغانچىلار...»** ــ 2:9دىكى ئىزاھاتنى كۆرۈڭ.

**9:3** ۋەھ. 2:9؛ يەند 19:14

ئىنسانلارنى سىناشقا پۈتكۈل يەر يۈزىگە چۈشىدىغان ۋابالىق
سىناقنىڭ ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە سېنى ئۇنىڭدىن ساقلاپ
قوغداپ قالىمەن.
[11] مەن پات ئارىدا كېلىمەن. تاجىڭنى ھېچكىمنىڭ تارتىۋالماسلىقى
ئۈچۈن، ئۆزۈڭدە بار بولغاننى چىڭ تۇتقىن. [12] غەلىبە قىلغۇچىنى
بولسا، خۇدايىمنىڭ ئىبادەتخانىسىغا تۈۋرۈك قىلىمەنكى، ئۇ
ئۇ يەردىن ئەسلا چىقمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇدايىمنىڭ
نامىنى، خۇدايىمنىڭ شەھىرىنىڭ نامىنى، يەنى ئەرشتىن —
خۇدانىڭ يېنىدىن چۈشىدىغان يېڭى يېرۇسالېمنىڭ نامىنى ۋە
مېنىڭ يېڭى نامىمنى يازىمەن.
[13] قۇلىقى بارلار روھنىڭ جامائەتلەرگە دېگەنلىرىنى ئاڭلىسۇن!»

## لائودىكىيادىكى جامائەتكە يېزىلغان خەت

[14] — لائودىكىيادىكى جامائەتنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق يازغىن: —
«ئامىن ئاتالغۇچى، يەنى سادىق ۋە ھەقىقىي گۇۋاھچى، خۇدانىڭ

---

10:3 **«مېنىڭ سەۋر-تاقەتمەدىكى سۆز-كالامنى ساقلاپ ئەمەل قىلىشىڭ ئۈچۈن...»** —
«مېنىڭ سەۋر-تاقەت يولۇمدىكى سۆز-كالامىم» (1) ياكى خۇش خەۋەرنىڭ ئۆزىنى (چۈنكى ئۇنى
چىڭ تۇتۇپ ساقلاش ئۈچۈن ھەرھالدا كۆپ سەۋر-تاقەت كېرەك)؛ (2) ياكى مەسىھنىڭ ئالاھىدە سەۋر-
تاقەتلىك بولۇش ئەمرلىرىنى؛ (3) ياكى خۇدانىڭ پۈتكۈل سۆز-كالامنى كۆرسىتىدۇ (ئۇنىمۇ چىڭ
تۇتۇشقا ئاجايىب سەۋر-تاقەت بولۇش كېرەك). بىزنىڭچە بۇ سۆز يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتنىڭ ھەممىسىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋر-تاقىتى بىزگە بولمىسا، بىز «سەۋر-تاقەتمەدىكى
سۆز-كالام»نى ھېچ تۇتالمايمىز، ئەلۋەتتە. **«پۈتكۈل يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلىدىغان سىناق
ۋاقىت-سائىتى»** — (1) ياكى ئىمپېراتور تراجان يۈرگۈزگەن زىيانكەشلەرنى، (2)ياكى تارىختىكى
بىزگە ھازىر نامەلۇم باشقا بىر مەزگىلنى، (3) ياكى كەلگۈسىدىكى «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نى
كۆرسىتىدۇ (مەسىلەن «مات.» 9:24-22). **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «يەش.» 20:26-21.

**10:3** يەش. 20:26-21

**11:3** ۋەھ. 25:2.

**12:3** 1پاد. 21:7؛ ۋەھ. 10:21، 2؛ 4:22.

كائىنىتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبچىسى مۇنداق دەيدۇ:
15 سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى بىلىمەنكى، سەن سوغۇقمۇ ئەمەس، قىزىقمۇ
ئەمەس. مەن سېنىڭ يا سوغۇق، يا قىزىق بولۇشۇڭنى خالايتتىم!
16 سەن يا سوغۇق يا قىزىق ئەمەس، بەلكى ئىللىق بولغانلىقىڭ ئۈچۈن،
سېنى ئاغزىمدىن ھۆ قىلىمەن. 17 سەن باي ئادەممەن، دۆلەتمەن بولدۇم،
ھېچ نەرسىگە ھاجەتمەن ئەمەسمەن دېگىنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ غېرىب،
بىچارە، يوقسۇل، كور ۋە يالىڭاچ ئىكەنلىكىڭنى بىلمىگەچكە،
18 باي بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئوتتا تاۋلانغان ئالتۇن، يالىڭاچلىق
نومۇسلۇقۇڭنىڭ يېپىلىشى ئۈچۈن كىيگۈزۈلۈشۈڭگە ئاق كىيىم-
كېچەك، كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن كۆزلىرىڭگە سۈرتۈشكە تۈتىيانى مەندىن

14:3 **«ئامىن ئاتالغۇچى، يەنى سادىق ۋە ھەقىقىي گۇۋاھچى، خۇدانىڭ كائىناتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبچىسى»** ــ «ئامىن» سۆزىنىڭ مەنىسى «شۇنداق بولسۇن» بولۇپ، بۇ يەردە ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ بارلىق ۋەدە ۋە پىلانلىرىنىڭ «ئامىن»ى، يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. («2كور.» 20:1).
—«خۇدانىڭ كائىناتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبچىسى» دېگەننىڭ باشقا تەرجىمىسى «خۇدا ياراتقان كائىناتنىڭ ئىدارە قىلغۇچىسى». بۇنىڭغا ئوخشاش سۆز «كول.» 15:1، 18-ئايەتتە تېپىلىدۇ، شۇ ئايەتلەردىكى ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ).
**14:3** كول. 15:1؛ ۋەھ. 5:1، 6.
15:3 **«سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى بىلىمەنكى، سەن سوغۇقمۇ ئەمەس، قىزىقمۇ ئەمەس. مەن سېنىڭ يا سوغۇق، يا قىزىق بولۇشۇڭنى خالايتتىم!»** ــ لائودىكىيا شەھرىدە ياخشى سۇ مەنبەسى يوق ئىدى. ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىنئىسسىق سۇ (تۇرۇبا ئارقىلىق) يەتكۈزۈلسە ئىللىق بولۇپ قالاتتى؛ سوغۇق سۇ يەتكۈزۈلسىمۇ سوغۇق ئەمەس، بەلكى ئىللىق بولۇپ قالاتتى؛ ئۇلار ئۆزلىرى بۇ ئىللىق سۇنى ياخشى كۆرمەيتتى.

**سىتتۇپىلىشىڭنى نەسىھەت قىلىمەن. [19] مەن كىمنى سۆيسەم، شۇنىڭ
ئەيىبىنى كۆرسىتىپ تەربىيىلەيمەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن قىزغىن كۆيۈپ-
پىشىپ توۋا قىل. [20] مانا، مەن هازىر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، ئىشىكنى
قېقىۋاتىمەن. ئەگەر بىرى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ
يېنىغا كىرىمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە غىزالى
نىدۇ. [21] غەلىبە قىلغۇچىنى بولسا، مەنمۇ غەلىبە قىلىپ، ئاتامنىڭ
تەختىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرغىنىمدەك، ئۇنىمۇ تەختىمدە مەن
بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلىمەن.
[22] قۇلىقى بارلار روھنىڭ جامائەتلەرگە دېگەنلىرىنى ئاڭلىسۇن!»**

---

18:3 **«كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن كۆزلىرىڭگە سۈرتۈشكە تۇتىيانى مەندىن سېتىۋېلىشىڭنى نەسىھەت قىلىمەن»** — «كۆزلىرىڭگە سۈرتۈش تۇتىيا» گرېك تىلىدا «كۆزلىرىڭنى مەسىھلەيدىغان تۇتىيا...» ياكى «كۆزلىرىڭنى مەسىھ قىلىدىغان تۇتىيا...». **«باي بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئوتتا تاۋلانغان ئالتۇن، يالىڭاچلىق نومۇسلۇقۇڭنىڭ يېپىلىشى ئۈچۈن كىيگۈزۈلۈشۈڭگە ئاق كىيىم-كېچەك، كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن كۆزلىرىڭگە سۈرتۈشكە تۇتىيانى مەندىن سېتىۋېلىشىڭنى نەسىھەت قىلىمەن»** — لائودىكىيا شەھىرى ئەسلىدە: (1) ئىنتايىن باي. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن بانكىلىرى بار ئىدى. باي ئىكەنلىكىنىڭ بىر مىسالى، مىلادىيە 17-يىلى قاتتىق يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن فىلادەلفىيە، ساردىس ۋە لائودىكىيا شەھەرلىرى ئىنتايىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغاچقا رىم هۆكۈمىتى ئۇلارغا نۇرغۇن ياردەم پۇل ئەۋەتتى. لائودىكىيا شەھىرىدىكىلەر پۇلىمىز بار دەپ بۇ پۇلنى رەت قىلدى؛ (2) ئۇلارنىڭ چىرايلىق يۇڭلۇق كىيىم-كېچەك ئىشلەش بىلەن داڭقى چىققان؛ (3) ئۇلارنىڭ ئۇنۇملۇك بىرخىل كۆز مەلھىمىنىڭمۇ داڭقى چىققانىدى.

**18:3** 2كور. 3:5؛ ۋەھ. 13:7؛ 15:16؛ 8:19.

**19:3** ئايۇپ 17:5؛ پەند. 12:3؛ ئىبر. 5:12.

20:3 **«ئەگەر بىرى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە غىزالىنىدۇ»** — گرېك تىلىدا «غىزالىنىش» دېگەن سۆز ئادەتتە كەچلىك تاماقنى كۆرسىتىدۇ.

**21:3** مات. 28:19؛ 1كور. 2:6.

22:3 **« قۇلىقى بارلار روھنىڭ جامائەتلەرگە دېگەنلىرىنى ئاڭلىسۇن!»»** — بۇ يەتتە جامائەتنىڭ باشقابىر ئەهمىيىتى، يەنى بېشارەتلىك ئەهمىيىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

## ئەرشتىكى ئىبادەت

# 4

[1] ئاندىن مەن قارىۋىدىم، مانا، ئاسماندا بىر ئىشىك ئېچىقلىق
تۇراتتى. مەن تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان كاناي ئاۋازىغا ئوخشاپ
كېتىدىغان ئاۋاز ماڭا: «بۇ ياققا چىق، ساڭا بۇلاردىن كېيىن يۈز
بېرىشى مۇقەررەر بولغان ئىشلارنى كۆرسىتەي» دېدى [2] ۋە دەرھال مەن
روھنىڭ ئىلكىدە بولدۇم؛ مانا، ئەرشتە بىر تەخت، تەختتە بىر زات
ئولتۇراتتى. [3] تەختتە ئولتۇرغۇچىنىڭ قىياپىتى يېشىل قاشتاش ۋە
قىزىل كۋارتسقا ئوخشايتتى. تەختنىڭ چۆرىسىنى زۇمرەتتەك بىر
ھەسەن-ھۈسەن ئوراپ تۇراتتى.
[4] تەختنىڭ ئەتراپىدا يەنە يىگىرمە تۆت تەخت بار ئىدى. تەختلەردە
ئاق كىيىملەر بىلەن كىيىنگەن، باشلىرىغا ئالتۇن تاج تاقالغان
يىگىرمە تۆت ئاقساقال ئولتۇراتتى. [5] تەختتىن چاقماقلار چېقىپ،
تۈرلۈك ئاۋازلار ۋە گۈلدۈرمامىلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تەختنىڭ ئالدىدا
يالقۇنلاپ تۇرغان يەتتە مەشئەل كۆيۈپ تۇراتتى؛ بۇلار خۇدانىڭ
يەتتە روھى ئىدى. [6] تەختنىڭ ئالدى خۇددى خرۇستالدەك پارقىراپ
تۇرىدىغان، سۈزۈك ئەينەك دېڭىزدەك ئىدى. تەختنىڭ ئوتتۇرىسىدا

---

2:4 **«دەرھال مەن روھنىڭ ئىلكىدە بولدۇم»** — «روھنىڭ ئىلكىدە» گرېك تىلدا «روھتا». دېمەك، مۇقەددەس روھنىڭ ئىلكىدە ۋە ئىلھامى ئاستىدا بولغان.

3:4 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «ئەز.» 1:26-28.

**3:4** ئەز. 26:1-28

4:4 **«تەختلەردە ئاق كىيىملەر بىلەن كىيىنگەن، باشلىرىغا ئالتۇن تاج تاقالغان يىگىرمە تۆت ئاقساقال ئولتۇراتتى»** — «ئاقساقاللار» كىملەر؟ ئالىملارنىڭ پىكرى: (1) ياكى ئۇلار مەسىھنىڭ جامائىتىنى بىلدۈرىدۇ؛ (2) ياكى تەۋرات دەۋرىدىكى ئېتىقادى بىلەن يول باشلىغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بىز (2)-پىكىرگە مايىلمىز، چۈنكى كېيىنكى بابلاردا جامائەت ئاقساقاللاردىن ئايرىم كۆرۈنىدۇ (7:9-17، 19:1-10). «ئىبر.» 11-باب، بولۇپمۇ -22-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ.

5:4 **«تەختنىڭ ئالدىدا يالقۇنلاپ تۇرغان يەتتە مەشئەل كۆيۈپ تۇراتتى؛ بۇلار خۇدانىڭ يەتتە روھى ئىدى»** — بەزى ئالىملار بۇ يەتتە روھ يەتتە پەرىشتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ، باشقىلار خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ يەتتە تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ (5:6نى ۋە «يەش.» 2:11نى كۆرۈڭ). **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «مىس.» 16:19، «زەك.» 9:3، 10:4.

**5:4** مىس. 16:19؛ زەك. 9:3، 10:4

ۋە تەختنىڭ چۆرىسىدە، ئالدى ۋە كەينى كۆزلەر بىلەن تولغان تۆت
ھايات مەخلۇق تۇراتتى. 7 بىرىنچى مەخلۇق شىرغا، ئىككىنچى
مەخلۇق بۇقىغا ئوخشايتتى. ئۈچىنچى مەخلۇقنىڭ يۈزى ئادەمنىڭ
چىرايىغا ئوخشايتتى. تۆتىنچى مەخلۇق پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتكە
ئوخشايتتى. 8 تۆت ھايات مەخلۇقنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالتىدىن قانىتى
بار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ چۆرىسى ھەتتا ئىچ تەرىپىمۇ
كۆزلەر بىلەن تولغانىدى؛ ئۇلار كېچە-كۈندۈز توختىماي: —
«مۇقەددەس، مۇقەددەس، مۇقەددەستۇر،
بار بولغان، ھازىرمۇ بار ھەم كەلگۈسىدىمۇ بولغۇچى،
ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا!» — دېيىشەتتى.
9 ھايات مەخلۇقلار تەختتە ئولتۇرغان ئەبەدىلئەبەد ھايات بولغۇچىنى
ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت-شەۋكەت ۋە تەشەككۇر ئىزھار قىلغىنىدا،
10 يىگىرمە تۆت ئاقساقال تەختتە ئولتۇرغۇچىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ
ئەبەدىلئەبەد ھايات بولغۇچىغا باش قويۇپ سەجدە قىلاتتى،
تاجلىرىنى تەختنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، مۇنداق دېيىشەتتى: —

11 «سەن، ئى پەرۋەردىگارىمىز ۋە خۇدايىمىز،
شان-شەرەپ، ھۆرمەت-شۆھرەت ۋە قۇدرەتكە لايىقتۇرسەن.
چۈنكى ئۆزۈڭ ھەممىنى ياراتتىڭ،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىرادەڭ بىلەن مەۋجۇت ئىدى ۋە يارىتىلدى!»

---

**6:4** **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «ئەز.» 1:4-28.

**6:4** ئەز. 1:4-28؛ ۋەھ. 2:15

**8:4** **«تۆت ھايات مەخلۇقنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالتىدىن قانىتى بار ئىدى»** — «ئەزاكىيال»دا كۆرۈنگەن «ھايات مەخلۇقلار»نىڭ تۆت قانىتى بار ئىدى. **«ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ چۆرىسى ھەتتا ئىچ تەرىپىمۇ كۆزلەر بىلەن تولغانىدى»** — «ئىچ تەرىپىمۇ» ياكى «قانات ئاستىمۇ».

**8:4** يەش. 6:3؛ ۋەھ. 1:4، 8؛ 11:17؛ 16:5.

**11:4** ۋەھ. 5:12.

## قوزىنىڭ ئورام يازمىنى قولىغا ئېلىشى

5 [1]ئاندىن تەختتە ئولتۇرغۇچىنىڭ ئوڭ قولىدا ئىچ ۋە تاش
تەرىپىگە خەت پۈتۈلگەن ۋە يەتتە مۆھۈر بىلەن پېچەتلەنگەن
بىر ئورام يازمىنى كۆردۈم. [2]يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئورام يازمىنى
ئېچىپ، پېچەتلەرنى يېشىشكە كىم لايىقتۇر؟» دەپ توۋلىغان قاۋۇل
بىر پەرىشتىنىمۇ كۆردۈم. [3]لېكىن نە ئەرشتە نە يەر يۈزىدە نە يەر
ئاستىدا ئورام يازمىنى ئاچالايدىغان ياكى ئىچىگە قارىيالايدىغان
ھېچكىم چىقمىدى. [4]ئورام يازمىنى ئېچىشقا ياكى ئىچىگە قاراشقا
لايىق بىرەرسى تېپىلمىغاچقا، قاتتىق يىغلىۋەتتىم. [5]ئاندىن
ئاقساقاللاردىن بىرى ماڭا:
يىغلىما! قارا، يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان شىر ــ داۋۇتنىڭ
يىلتىزى بولغۇچى غەلىبە قىلدى؛ شۇڭا ئورام يازمىنى ۋە ئۇنىڭ يەتتە
پېچىتىنى ئېچىشقا ئۇ قادىر، ــ دېدى.
[6]ئاندىن قارىسام، تەخت بىلەن تۆت ھايات مەخلۇقنىڭ ئارىلىقىدا،
ئاقساقاللار ئوتتۇرىسىدا بىر قوزا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ بېخىلا
بوغۇزلانغاندەك قىلاتتى؛ ئۇنىڭ يەتتە مۈڭگۈزى ۋە يەتتە كۆزى
بولۇپ، بۇ كۆزلەر خۇدانىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىگە ئەۋەتكەن يەتتە روھى
ئىدى. [7]قوزا بېرىپ، تەختتە ئولتۇرغۇچىنىڭ ئوڭ قولىدىن ئورام
يازمىنى ئالدى. [8]يازمىنى ئالغاندا، تۆت ھايات مەخلۇق ۋە يىگىرمە
تۆت ئاقساقال قوزىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ
چىلتارى ۋە خۇشبۇي بىلەن تولغان ئالتۇن چىنىلىرى بار ئىدى (بۇ

---

**1:5 «مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «زەك.» 4-1:5.

**1:5** زەك. 1:5-4؛ ئەز. 10:2.

**3:5** فىل. 10:2؛ ۋەھ. 13:5.

**5:5 «داۋۇتنىڭ يىلتىزى بولغۇچى»** ــ ياكى «داۋۇدنىڭ يىلتىزىنىڭ نوتىسى» («يەش.» 1:11نى كۆرۈڭ). لېكىن بىزنىڭچە بۇ سۆز داۋۇتنىڭ مەسىھتىن كېلىپ چىققانلىقىنى ھەم مەسىھنىڭ داۋۇتنىڭ رەببى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (16:22 ۋە «مات.» 45-42:22).

**5:5** يار. 10:49، 9؛ يەش. 10:11؛ رىم. 12:15؛ ۋەھ. 16:22.

**6:5** زەك. 9:3، 10:4؛ ۋەھ. 5:4.

خۇشبۇي مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ دۇئالىرى ئىدى). [9]ئۇلار يېڭى بىر
كۈي ئېيتىشتى: ــ

«ئورام يازمىنى ئېلىشقا،
ۋە پېچەتلەرنى ئېچىشقا لايىقسەن؛
چۈنكى بوغۇزلاندىڭ
ۋە ھەر قەبىلىدىن، ھەر تىلدىن،
ھەر مىللەتتىن، ھەر ئەلدىن بولغان ئىنسانلارنى
ئۆز قېنىڭ بەدىلى بىلەن سېتىۋېلىپ، خۇداغا مەنسۇپ قىلدىڭ.
[10]ئۇلارنى خۇدايىمىز ئۈچۈن بىر پادىشاھلىققا ئۇيۇشتۇرۇپ،
كاھىنلار قىلدىڭ.
ئۇلار يەر يۈزىدە ھۆكۈم سۈرىدۇ».
[11]ئاندىن كۆردۈم ۋە مانا، تەختنىڭ، ھايات مەخلۇقلارنىڭ ۋە
ئاقساقاللارنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان پەرىشتىلەرنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ سانى تۈمەن مىڭ-تۈمەن مىڭ، مىليون-مىليون
ئىدى. [12]ئۇلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ــ

«بوغۇزلانغان قوزا قۇدرەت، دۆلەت، دانالىق، كۈچ-قۇۋۋەت، ھۆرمەت،
شان-شەرەپ
ۋە مەدھىيىگە لايىقتۇر» دېيىشەتتى.

[13]ئاندىن مەن ئەرش، يەر يۈزى، يەر ئاستى ۋە دېڭىزدىكى ھەربىر

**8:5** زەب. 2:141؛ ۋەھ. 2:14.

**9:5** روس. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ كول. 14:1؛ ئىبر. 12:9؛ 10:10؛ 1پېت. 19:1؛ 1يۇھ. 7:1؛ ۋەھ. 11:4.

**10:5** مىس. 6:19؛ 1پېت. 5:2، 9؛ ۋەھ. 6:1.

11:5 **«ئۇلارنىڭ سانى تۈمەن مىڭ-تۈمەن مىڭ، مىليون-مىليون ئىدى»** ــ ئەسلىدە «ئۇلارنىڭ سانى يۈز مىليونلىغان، «مىليونلىغان ئىدى».

**11:5** دان. 10:7؛ ئىبر. 22:12.

**12:5** ۋەھ. 11:4.

مەخلۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار بولغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ: ــ
«تەختتە ئولتۇرغۇچىغا ۋە قوزىغا
مەدھىيە، ھۆرمەت، شان-شەرەپ ۋە ھوقۇق-قۇدرەت
ئەبەدىلئەبەدگىچە مەنسۇپ بولغاي!» دېگىنىنى ئاڭلىدىم.
[14]تۆت ھايات مەخلۇق «ئامىن!» دەپ جاۋاب قايتۇراتتى، ئاقساقاللار
يەرگە يىقىلىپ سەجدە قىلاتتى.

## قوزىنىڭ ئالتە پېچەتنى ئېچىشى

6 [1]ئاندىن قوزا يەتتە پېچەتنىڭ بىرىنى ئاچقاندا، مەن قاراپ تۇردۇم.
تۆت ھايات مەخلۇقتىن بىرىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن:
«كەل!» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. [2]كۆردۈمكى، مانا بىر ئاق ئات كەلدى!
ئاتقا مىنگۈچىنىڭ قولىدا بىر ئوق-يا بار ئىدى؛ ئۇنىڭغا بىر تاج
بېرىلدى. ئۇ غەلىبە قىلغۇچى سۈپىتىدە زەپەر قۇچۇش ئۈچۈن جەڭگە
ئاتلاندى.

---

14:5 **«...تۆت ھايات مەخلۇق «ئامىن!» دەپ جاۋاب قايتۇراتتى، ئاقساقاللار يەرگە يىقىلىپ سەجدە قىلاتتى»** ــ بۇ مۇھىم بابنىڭ تېمىسى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز.

1:6 **«تۆت ھايات مەخلۇقتىن بىرىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن: «كەل!» دېگىنىنى ئاڭلىدىم»** ــ «كەل!» دېگەن سۆز بەلكىم 2-8-ئايەتلەردە كۆرۈنگەن ئاتلىقلارنىڭ ھەربىرىگە چىقىرىلغان بۇيرۇق بولسا كېرەك (3-، 5-، 7-ئايەتنىمۇ كۆرۈڭ).
—بەزى كونا كەچۈرۈلمىلەردە «كەل»نىڭ ئورنىدا «كېلىپ كۆرگىن!» دېيىلىدۇ.

2:6 **«ئۇنىڭغا بىر تاج بېرىلدى»** ــ «تاج» دېگەن بۇ سۆز پادىشاھنىڭكى ئەمەس، بەلكى جەڭ-ئۇرۇشلاردا ياكى ئېلىشىش مۇسابىقىلىرىدا غالىبلارغا بېرىلىدىغان، بىرخىل نەپىس چەمبىرەكنى كۆرسىتىدۇ. **«كۆردۈمكى، مانا بىر ئاق ئات كەلدى! ئاتقا مىنگۈچىنىڭ قولىدا بىر ئوق-يا بار ئىدى... ئۇ غەلىبە قىلغۇچى سۈپىتىدە زەپەر قۇچۇش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلاندى»** ــ «ئاق ئاتقا مىنگۈچى»نىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.
—«قولىدا بىر ئوق-يا بار ئىدى» ــ ئەينى گرېك تېكىستتە «قولىدا بىر يا (كامان) بار ئىدى» دېيىلىدۇ.

**2:6** ۋەھ. 11:19.

3 قوزا ئىككىنچى پېچەتنى ئاچقاندا، ئىككىنچى ھايات مەخلۇقنىڭ:
«كەل!» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. 4 يەنە بىر ئات ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇنىڭ
رەڭگى قىپقىزىل ئىدى. ئاتقا مىنگۈچىگە يەر يۈزىدىكى تىنچلىقنى
ئېلىپ كېتىش ۋە ئىنسانلارنى ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا سېلىش
ھوقۇقى بېرىلدى. ئۇنىڭغا يەنە چوڭ بىر قىلىچ بېرىلدى.
5 قوزا ئۈچىنچى پېچەتنى ئاچقاندا، ئۈچىنچى ھايات مەخلۇقنىڭ:
«كەل!» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. مەن كۆردۈمكى، مانا بىر قارا ئات
كەلدى. ئاتقا مىنگۈچىنىڭ قولىدا بىر تارازا بار ئىدى. 6 تۆت ھايات
مەخلۇقنىڭ ئارىسىدىن: ــ

«بىر تاۋاق بۇغداي بىر دىنارىئۇس پۇلغا،
ئۈچ تاۋاق ئارپا بىر دىنارىئۇس پۇلغا سېتىلىدۇ.
ئەمما زەيتۇن يېغىغا ۋە شارابقا زەرەر يەتكۈزمىگىن!»
دېگەندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم.
7 قوزا تۆتىنچى پېچەتنى ئاچقاندا، تۆتىنچى ھايات مەخلۇقنىڭ:
«كەل!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. 8 كۆردۈمكى، مانا بىر تاتىراڭ
ئاتنى كۆردۈم. ئاتقا مىنگۈچىنىڭ ئىسمى «ئۆلۈم» ئىدى. ئۇنىڭ
كەينىدىن تەھتىسارا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارغا يەر يۈزىنىڭ
تۆتتىن بىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، قىلىچ، ئاچارچىلىق، ۋابا ۋە
يەر يۈزىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئارقىلىق ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى
بېرىلدى.

---

6:6 **«بىر تاۋاق بۇغداي»** ــ گرېك تىلىدا «بىر ئۆلچەم بۇغداي». **«بىر دىنارىئۇس پۇل»** ــ ئاساسەن بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى ئىدى («مات.» 2:20). «بىر تاۋاق» بەلكىم بىر شىڭ ئىدى (گرېك تىلىدا «چۆنىكس»). بىراق بىر تاۋاق بۇغداي ئارانلا بىر كىشىنىڭ كۈنلۈك تامىقىغا يېتىدۇ. شۇڭا «قارا ئات» ئاچارچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ھالبۇكى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بايلار بولسا ئۆز راھەت-پاراغىتىگە كېرەك بولغان «ماي ۋە شاراب»لارنى سېتىۋالالايدۇ.

6:6 ۋەھ. 4:9.

8:6 **«قىلىپ، قىلىچ، ئاچارچىلىق، ۋابا ۋە يەر يۈزىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئارقىلىق...»** ــ «ۋابا» گرېك تىلىدا «ئۆلۈم».

9 قوزا بەشىنچى پېچەتنى ئاچقاندا، خۇدانىڭ سۆز-كالامى ئۈچۈن
ۋە ئىزچىل گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ۋەجىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ
جانلىرىنى قۇربانگاھنىڭ تېگىدە كۆردۈم. 10 ئۇلار قاتتىق ئاۋاز بىلەن
نىدا سېلىشىپ:
**ئەي ھاكىممۇتلەق ئىگىمىز، مۇقەددەس ۋە ھەقىقي بولغۇچى!**
سەن قاچانغىچە يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقانلارنى سوراق قىلماي، ئۇلاردىن
قېنىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمايسەن؟ ــ دېيىشەتتى.
11 ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئاق تون بېرىلدى. ئۇلارغا،
ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش ئۆلتۈرۈلىدىغان قۇل-بۇرادەرلىرىڭلار ھەم
قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ سانى توشقۇچە ئازغىنە ۋاقىت ئارام
ئېلىشىڭلار كېرەك، دەپ ئېيتىلدى. 12 ئاندىن مەن قوزا ئالتىنچى
پېچەتنى ئاچقىنىدا كۆردۈمكى، مانا دەھشەتلىك بىر يەر تەۋرەش يۈز
بەردى، قۇياش بەئەينى قارا يۇڭدىن توقۇلغان بۆزدەك قاپقارا رەڭگە،
تولۇن ئاي بولسا قاننىڭ رەڭگىگە كىردى. 13 ئەنجۈر دەرىخىنىڭ قاتتىق
بوراندا سىلكىنىشىدىن ئەنجۈر غورىلىرى يەرگە تۆكۈلگەندەك،
ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ يەر يۈزىگە تۆكۈلدى. 14 ئاسمان خۇددى ئورام
يازمىنىڭ تۈرۈلگىنىدەك غايىب بولدى، ھەربىر تاغ ۋە ئارال ئورنىدىن
يۆتكەلدى؛ 15 ھەممە دۇنيادىكى پادىشاھلار، مۆتىۋەرلەر، سەردارلار،
بايلار، كۈچلۈكلەر، قۇللار ۋە ھۆرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆڭكۈرلەرگە ۋە
تاغلارنىڭ كامارلىرىغا يوشۇرۇندى. 16 ئۇلار تاغلارغا ۋە قورام تاشلارغا

---

**9:6** ۋەھ. 10:19؛ 4:20.

**12:6 «ئاندىن مەن قوزا ئالتىنچى پېچەتنى ئاچقىنىدا كۆردۈم...»** ــ «يەتتە پېچەت» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**12:6** يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش. 10:13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2.

**14:6 «مۇناسىۋەتلىك ئايەت»** ــ «يەش.» 4:34.

**14:6** يەش. 4:34

**15:6 «سەردارلار»** ــ گرېك تىلىدا «مىڭبېشىلار». **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يەش.» 21:2.

**15:6** يەش. 21:2

مۇنداق دەپ جار سالدى: ــ
«ئۇستىمىزگە چۈشۈڭلار! بىزنى تەختتە ئولتۇرغۇچىنىڭ
سىيماسىدىن ھەم قوزىنىڭ غەزىپىدىن يوشۇرۇڭلار ۋە ساقلاڭلار!
[17] چۈنكى ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك غەزەپ كۈنى كەلدى، ئەمدى كىم پۇت
تىرەپ تۇرالىسۇن؟!».

## مۆھۈرلەنگەن 144000 كىشى

7 [1] ئۇنىڭدىن كېيىن مەن كۆردۈمكى، تۆت پەرىشتە يەر يۈزىنىڭ
تۆت بۇلۇڭىدا تۇراتتى. ئۇلار ھەرقانداق شامالنىڭ قۇرۇقلۇق،
دېڭىز ھەم دەل-دەرەخلەرگە ئۇرۇلماسلىقى ئۈچۈن يەر يۈزىنىڭ تۆت
تەرىپىدىن چىقىدىغان شامالنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. [2] مەن ھايات
خۇدانىڭ مۆھۈرىنى ئالغان، كۈن چىقىشتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان باشقا بىر
پەرىشتىنى كۆردۈم. ئۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلارنى
ۋەيران قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن ئاشۇ تۆت پەرىشتىگە: [3] «بىز
خۇدانىڭ قۇل-خىزمەتكارلىرىنىڭ پېشانىسىگە مۆھۈر باسقۇچە،
قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە دەل-دەرەخلەرنى ۋەيران قىلماڭلار!» دەپ توۋلىدى.
[4] مەن مۆھۈرلەنگەنلەرنىڭ سانىنى ئاڭلىدىم ــ ئىسرائىللارنىڭ
ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن بىر يۈز قىرىق تۆت مىڭ كىشى، يەنى: ــ

[5] يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
رۇبەن قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
گاد قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
[6] ئاشىر قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،

---

**16:6** **«مۇناسىۋەتلىك ئايەت»** ــ «ھوش.» 8:10.

**16:6** يەش. 19:2؛ ھوش. 8:10؛ لۇقا 30:23؛ ۋەھ. 6:9.

**17:6** يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش. 12:2-22؛ 6:13-13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2

**4:7** ۋەھ. 1:14.

نافتالى قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
ماناسسەھ قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
[7] شىمېئون قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
لاۋىي قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
ئىسساكار قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
[8] زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
يۈسۈپ قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى،
بىنيامىن قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى مۆھۈرلەنگەنىدى.

## نىجاتنى تاپقان زور بىر تۈپ خالايىق

[9] بۇ ئىشلاردىن كېيىن كۆردۈمكى، مانا ھەر ئەل، ھەر قەبىلە، ھەر
مىللەتتىن بولغان، ھەرخىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان سان-ساناقسىز
زور بىر توپ خالايىق تەختنىڭ ۋە قوزىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى؛ ئۇلارنىڭ
ھەممىسىگە ئاق تون كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، قوللىرىدا خورما
شاخلىرى تۇتقانىدى. [10] ئۇلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ــ
«نىجات تەختتە ئولتۇرغۇچى خۇدايىمىزغا ۋە قوزىغا مەنسۇپ
بولغاي!» دەپ ۋارقىرىشاتتى.
[11] بارلىق پەرىشتىلەر تەختنىڭ، ئاقساقاللارنىڭ ۋە تۆت ھايات
مەخلۇقنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانىدى. ئۇلار تەختنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ،
خۇداغا سەجدە قىلىپ مۇنداق دېيىشەتتى: ــ

---

**8:7 «...زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى، يۈسۈپ قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى، بىنيامىن قەبىلىسىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى مۆھۈرلەنگەنىدى»** ــ ئون قەبىلىدىن دان قەبىلىسى كەم ئىدى؛ يۈسۈپنىڭ قەبىلىسى ئىككى بۆلەككە (يۈسۈپنىڭ ۋە ماناسسەھنىڭ)گە بۆلۈندى.

**10:7 «نىجات تەختتە ئولتۇرغۇچى خۇدايىمىزغا ۋە قوزىغا مەنسۇپ بولغاي!»** ــ «نىجات... قوزىغا بولغاي!» دېگەن ئىبارە بولسا خۇدا ۋە قوزا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نىجاتنىڭ مېۋىسى بولغان شان-شەرەپ، نام-شۆھرەت ۋە ھەمدۇسانالارنىڭ ھەممىسى ھېچ نېمە قالدۇرماي خۇدا ۋە قوزىغا قايتۇرۇپ كېلىنسۇن، دېگەندەك مەنىدە.

12 «ئامىن! ھەمد-مەدھىيە، شان-شەرەپ،
دانالىق ۋە تەشەككۇر،
ھۆرمەت ۋە كۈچ-قۇدرەت
خۇدايىمىزغا ئەبەدىلئەبەدگىچە مەنسۇپ بولغاي، ئامىن!»

13 ئەمدى ئاقساقاللاردىن بىرى مەندىن:
بۇ ئاق تون كىيدۈرۈلگەن كىشىلەر كىم بولىدۇ، قەيەردىن كەلدى؟ ــ
دەپ سورىدى.
14 ــ تەقسىر، بۇ ئۆزلىرىگە مەلۇمدۇر، ــ دېدىم.
ئۇ ماڭا:
بۇلار دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلەر.
ئۇلار تونلىرىنى قوزىنىڭ قېنىدا يۇيۇپ ئاپئاق قىلغان. 15 شۇڭا ئۇلار
خۇدانىڭ تەختىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىبادەتخانىسىدا كېچە-كۈندۈز
ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ؛ تەختتە ئولتۇرغۇچى بولسا ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە چېدىرىنى سايىۋەن قىلىدۇ. 16 ئۇلار يەنە ھېچ ئاچ قالمايدۇ،
ھېچ ئۇسسىمايدۇ، ئۇلارغا نە ئاپتاپ، نە پىژغىرىم ئىسسىق ھېچ
ئۇرمايدۇ. 17 چۈنكى ئۇلارنى تەختنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوزا باقىدۇ ۋە
ھاياتلىق سۈيى بۇلاقلىرىغا ئېلىپ بارىدۇ؛ ۋە خۇدا ئۇلارنىڭ ھەربىر
كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ، ــ دېدى.

15:7 **«تەختتە ئولتۇرغۇچى بولسا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چېدىرىنى سايىۋەن قىلىدۇ»** ــ گرېك تىلىدا «تەختتە ئولتۇرغۇچى بولسا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆز چېدىرىنى يېيىپ بېرىدۇ».

**16:7** يەش. 10:49.

17:7 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يەش.» 5:5-6، 8:25.

**17:7** يەش. 6-5:5؛ 8:25؛ زەب. 1:23؛ ۋەھ. 4:21.

## قوزىنىڭ يەتتىنچى پېچەتنى ئېچىشى

8 [1]قوزا يەتتىنچى پېچەتنى ئاچقاندا، ئەرشتە يېرىم سائەتچە
جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. [2]ئاندىن خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان
يەتتە پەرىشتىنى كۆردۈم. ئۇلارغا يەتتە كاناي بېرىلدى. [3]ئالتۇن
خۇشبۇيدان تۇتقان يەنە بىر پەرىشتە كېلىپ، خۇشبۇيگاھنىڭ ئالدىدا
تۇردى. بارلىق مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ دۇئالىرى بىلەن بىرلىكتە
تەختنىڭ ئالدىدىكى ئالتۇن خۇشبۇيگاھ ئۈستىدە خۇداغا ئاتاپ
سۇنۇشقا ئۇنىڭغا كۆپ خۇشبۇي بېرىلدى. [4]ۋە خۇشبۇينىڭ تۈتۈنلىرى
مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ دۇئالىرى بىلەن بىللە پەرىشتىنىڭ قولىدىن
خۇدانىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈلدى. [5]ئاندىن پەرىشتە خۇشبۇيداننى قولىغا
ئېلىپ، ئۇنى قۇربانگاھدىكى ئوت بىلەن تولدۇرۇپ، يەر يۈزىگە ئاتتى؛
شۇنىڭ بىلەن تۇرلۇك ئاۋازلار، گۈلدۈرمامىلار ئاڭلاندى، چاقماقلار
چېقىلدى ۋە بىر يەر تەۋرەش بولدى. [6]ئاندىن قوللىرىغا بىردىن كاناي
تۇتقان يەتتە پەرىشتە كانايلىرىنى چېلىشقا ھازىرلاندى.

## يەتتە كانايىنىڭ چېلىنىشى

[7]بىرىنچى پەرىشتە كانىيىنى چالدى؛ شۇنىڭ بىلەن مۆلدۈر ۋە ئوت
قان ئارىلاش پەيدا بولۇپ يەر يۈزىگە تاشلاندى، زېمىننىڭ ئۈچتىن
بىرى كۆيدۈرۈلدى، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى كۆيدۈرۈلدى ۋە
پۈتكۈل يېشىل ئوت-چۆپلەر كۆيدۈرۈلدى.
[8]ئىككىنچى پەرىشتە كانىيىنى چالدى؛ شۇنىڭ بىلەن گوياكى
لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان يوغان بىر تاغدەك غايەت زور بىر جىسىم دېڭىزغا
تاشلاندى. دېڭىزنىڭ ئۈچتىن بىرى قانغا ئايلاندى [9]ۋە دېڭىزدىكى
جانىۋارلارنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆلدى؛ كېمىلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى

1:8 **«قوزا يەتتىنچى پېچەتنى ئاچقاندا، ئەرشتە يېرىم سائەتچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى»** ــ «يەتتە پېچەت» توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.
3:8 **«خۇشبۇيگاھ.... ئالتۇن خۇشبۇيگاھ»** ــ گرېك تىلىدا «قۇربانگاھ... ئالتۇن قۇربانگاھ».
**4:8** زەب. 2:141

ۋەيران بولدى.
[10]ئۈچىنچى پەرىشتە كانىيىنى چالدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن
مەشئەلدەك يالقۇنلاپ يانغان چوڭ بىر يۇلتۇز چۈشتى؛ ئۇ دەريالارنىڭ
ئۈچتىن بىرىنىڭ ۋە بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى ئۈستىگە چۈشتى.
[11]يۇلتۇزنىڭ ئىسمى «كەكرە» ئىدى. سۇلارنىڭ ئۈچتىن بىرى
كەكرىدەك بولۇپ كەتتى، سۇلار ئاچچىق بولۇپ كەتكەچكە نۇرغۇن
ئادەم سۇدىن ئۆلدى.
[12]تۆتىنچى پەرىشتە كانىيىنى چالدى؛ شۇنىڭ بىلەن قۇياشنىڭ
ئۈچتىن بىرى، ئاينىڭ ئۈچتىن بىرى ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئۈچتىن بىرى
ئۇرۇلدى. نەتىجىدە، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقلۇقىنىڭ
ئۈچتىن بىرى قاراڭغۇلاشتى، كۈندۈزنىڭ ئۈچتىن بىرىدە يورۇقلۇق
يوقالدى، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىمۇ شۇنداق بولدى.
[13]يەنە كۆردۈمكى، ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر
بۈركۈتنىڭ قاتتىق ئاۋاز بىلەن: ــ
«كانايىنى چېلىشقا تەمشەلگەن قالغان ئۈچ پەرىشتىنىڭ كاناي
ئاۋازلىرى ئاڭلانسا يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي، ۋاي، ۋاي!»
دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

9
[1]بەشىنچى پەرىشتە كانىيىنى چالدى؛ مەن ئاسماندىن يەرگە
چۈشۈپ كەتكەن بىر يۇلتۇزنى كۆردۈم. تېگى يوق ھاڭغا بارىدىغان
قۇدۇقنىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭغا بېرىلدى، [2]ئۇ تېگى يوق ھاڭنىڭ
قۇدۇقىنى ئاچتى. قۇدۇقتىن يوغان خۇمداننىڭ ئىسىدەك تۈتۈن
ئۆرلەپ چىقتى. ھاڭنىڭ قۇدۇقىنىڭ تۈتۈنىدىن قۇياش ۋە كۆكنى
قاراڭغۇلۇق باستى. [3]تۈتۈنىنىڭ ئىچىدىن يەر يۈزىگە چېكەتكە ياغدى.
ئۇلارغا يەر يۈزىدىكى چايانلاردەك چېقىش كۈچى بېرىلگەنىدى.

**9:1** لۇقا 8:31؛ ۋەھ. 17:8.

[4]ئۇلارغا يەر يۈزىدىكى ئوت-چۆپلەرگە ۋە ھەرقانداق ئۆسۈملۈك ياكى
دەل-دەرەخلەرگە زەرەر يەتكۈزمەڭلار، پەقەت پېشانىسىدە خۇدانىڭ
مۆھۈرى بولمىغان ئادەملەرگىلا زەرەر قىلىڭلار، دەپ ئېيتىلدى.
[5]ئۇلارغا ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى بەش ئايغىچە
قىيىناشقا يول قويۇلدى؛ ئۇلار يەتكۈزىدىغان ئازاب ئادەمنى چايان
چاققاندىكىدەك ئازاب ئىدى. [6]شۇ كۈنلەردە، ئىنسانلار ئۆلۈمنى
ئىزدەيدۇ، لېكىن تاپالمايدۇ؛ ئۆلۈمنى سېغىنىدۇ، لېكىن ئۆلۈم
ئۇلاردىن قاچىدۇ.

[7]چېكەتكىلەرنىڭ قىياپىتى خۇددى جەڭگە ھازىرلانغان ئاتلارغا
ئوخشايتتى. باشلىرىدا بولسا ئالتۇن تاجقا ئوخشايدىغان بىر نەرسە
بولۇپ، چىرايى ئادەمنىڭكىگە ئوخشايتتى. [8]چاچلىرى ئايالLARنىڭ
چېچىغا، چىشلىرى شىرنىڭ چىشىغا ئوخشايتتى. [9]ئۇلارنىڭ
كۆكرىكىدىكى ساۋۇتى تۆمۈر ساۋۇتلارغا ئوخشايتتى؛ قاناتلىرىنىڭ
ئاۋازى جەڭگە ئاتلانغان نۇرغۇن ئات-ھارۋىلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى.
[10]چايانلارنىڭكىگە ئوخشاش قۇيرۇقلىرى ۋە نەشتەرلىرى بار ئىدى.
ئادەمنى بەش ئاي ئازابقا سالىدىغان كۈچ بولسا قۇيرۇقلىرىدا ئىدى.
[11]ئۇلارنى ئىدارە قىلىدىغان پادىشاھى، يەنى تېگى يوق ھاڭنىڭ
پەرىشتىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىبرانىيچە ئىسمى ئاۋاددون؛ گرېكچە
ئىسمى ئاپولليون ئىدى.
[12]بىرىنچى «ۋاي» ئۆتۈپ كەتتى. مانا، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى
«ۋاي» كېلىدۇ.

---

**4:9** ئەز. 4:9؛ ۋەھ. 6:6؛ 3:7.

**6:9** يەش. 19:2؛ يەر. 3:8؛ ھوش. 8:10؛ لۇقا 30:23؛ ۋەھ. 16:6.

**7:9** مىس. 4:10.

11:9 **«ئۇنىڭ ئىبرانىيچە ئىسمى ئاۋاددون؛ گرېكچە ئىسمى ئاپولليون ئىدى»** — بۇ ئىككى ئىسمنىڭ مەنىسى «ھالاك قىلغۇچى».

**12:9** ۋەھ. 13:8.

## ئالتىنچى كانايىنىڭ چېلىنىشى؛ «ئىككىنچى ۋاي»نىڭ باشلىنىشى

[13-14] ئالتىنچى پەرىشتە كانىيىنى چالدى؛ مەن خۇدانىڭ ئالدىدىكى ئالتۇن قۇربانگاھنىڭ تۆت مۈڭگۈزىدىن چىققان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم، بۇ ئاۋاز كانايىنى تۇتقان ئالتىنچى پەرىشتىگە:

چوڭ ئەفرات دەرياسىنىڭ يېنىدا باغلاقلىق تۆت پەرىشتىنى بوشات، دېدى. [15] دەل شۇ سائەت، شۇ كۈن، شۇ ئاي، شۇ يىل ئۈچۈن ھازىرلاپ قويۇلغان بۇ تۆت پەرىشتە ئىنسانلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن باغلاقتىن بوشىتىلدى. [16] بۇلارنىڭ ئاتلىق لەشكەرلەر قوشۇنىنىڭ سانى ئىككى يۈز مىليون ئىدى. ئۇلارنىڭ سانىنىڭ جاكارلانغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

[17] غايىبانە كۆرۈنۈشتە كۆزۈمگە كۆرۈنگەن ئات ۋە ئۈستىگە مىنگەنلەر مانا مۇنداق ئىدى: ئاتلىقلارنىڭ كۆكرىكىدىكى ساۋۇتى چوغدەك قىزىل، كۆك ياقۇتتەك كۆك ۋە گۈڭگۈرتتەك سېرىق ئىدى. ئاتلارنىڭ باشلىرى شىرنىڭ بېشىدەك ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئوت، تۈتۈن ۋە گۈڭگۈرت چىقىپ تۇراتتى. [18] بۇ ئۈچ بالادىن، يەنى ئاتلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت ۋە تۈتۈن ۋە گۈنگۈرتتىن ئىنسانلارنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆلتۈرۈلدى. [19] چۈنكى ئاتلارنىڭ كۈچى ئېغىزلىرىدا ۋە قۇيرۇقلىرىدا ئىدى؛ ئۇلارنىڭ قۇيرۇقلىرىنىڭ يىلانلارغا ئوخشاش بېشى بولۇپ، بۇلار بىلەن ئادەمنى زەخىملەندۈرەتتى.

[20] قالغان ئىنسانلار، يەنى بۇ بالايىئاپەتلەردىن ئۆلتۈرۈلمەي قالغانلار ئۆز قوللىرىنىڭ ئەمەللىرىگە تووۋا قىلمىدى، يەنى جىنلارغا، كۆرەلمەس، ئاڭلىيالماس ۋە ماڭالماس ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ ۋە ياغاچ

---

16:9 **«بۇلارنىڭ ئاتلىق لەشكەرلەر قوشۇنىنىڭ سانى ئىككى يۈز مىليون ئىدى»** — «ئىككى يۈز مىليون» گرېك تىلىدا «ئىككى تۈمەن ھەسسە تۈمەن».

17:9 **«ئاتلىقلارنىڭ كۆكرىكىدىكى ساۋۇتى چوغدەك قىزىل، كۆك ياقۇتتەك كۆك ۋە گۈڭگۈرتتەك سېرىق ئىدى»** — «چوغدەك قىزىل، كۆك ياقۇتتەك كۆك ۋە گۈڭگۈرتتەك سېرىق ئىدى» ياكى «ئوت، كۆك ياقۇت ۋە گۈڭگۈرتتىن ئىدى».

بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كەچمىدى. [21] ئۇلار قاتىللىق، سېھىرگەرلىك،
جىنسىي بۇزۇقلۇق ۋە ئوغرىلىقلىرىغىمۇ توۋا قىلمىدى.

## پەرىشتە ۋە كىچىك ئورام يازما

10 [1] ئاندىن كېيىن، ئەرشتىن چۈشۈۋاتقان يەنە بىر كۈچلۈك
پەرىشتىنى كۆردۈم. ئۇ بىر پارچە بۇلۇت بىلەن يېپىنغان
بولۇپ، بېشىنىڭ ئۈستىدە بىر ھەسەن-ھۈسەن بار ئىدى. چىرايى
قۇياشقا، پۇتلىرى ئوت تۈۋرۈككە ئوخشايتتى؛ [2] قولىدا بىر كىچىك
ئېچىقلىق ئورام يازما بار ئىدى. ئۇ ئوڭ پۇتىنى دېڭىز ئۈستىگە، سول
پۇتىنى قۇرۇقلۇققا قويۇپ تۇرۇپ، [3] شىرنىڭ ھۆركىرىشىگە ئوخشاش
قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇ ۋارقىرىغاندا، يەتتە گۈلدۈرماما ئۆز
ئاۋازلىرىنى ئاڭلىتىپ سۆز قىلدى.
[4] يەتتە گۈلدۈرماما سۆز قىلغاندا، دېگەنلىرىنى خاتىرىلىۋالماقچى
بولۇپ تۇراتتىم. بىراق ئاسماندىن: —
«يەتتە گۈلدۈرمامىنىڭ ئېيتقانلىرىنى مۆھۈرلەپ، ئۇلارنى
خاتىرىلىمە» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم. [5] دېڭىز ھەم قۇرۇقلۇقنىڭ
ئۈستىدە تۇرغان، مەن كۆرگەن ئۇ پەرىشتە ئوڭ قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ،
[6] ئاسمانلار ھەم ئۇلاردا بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى، يەر-زېمىن
ھەم ئۇنىڭدا بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى، دېڭىز ھەم ئۇنىڭدا بولغان
ھەممىسىنى ياراتقۇچى، يەنى ئەبەدىلئەبەدگىچە ھايات ياشىغۇچى
بىلەن قەسەم قىلىپ:

---

**20:9** زەب. 4:115، 5، 6، 7؛ 15:135.
**1:10** مات. 2:17؛ ۋەھ. 15:1.
**4:10 «يەتتە گۈلدۈرمامىنىڭ ئېيتقانلىرىنى مۆھۈرلەپ، ئۇلارنى خاتىرىلىمە»** — دېمەك، بۇ سۆزلەرنى مەخپىي تۇت.
**4:10** دان. 26:8؛ 4:12.
**5:10** دان. 7:12.

ۋاقىت يەنە كەينىگە سۇرۇلمەيدۇ؛ [7] بەلكى يەتتىنچى پەرىشتە كاناي
چېلىش ئالدىدا، يەنى ئاۋازى ئاڭلىنىش ئالدىدىكى كۈنلەردە،
خۇدانىڭ ئۆز قۇل-خىزمەتكارلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرگە خۇش
خەۋىرىنى يەتكۈزگىنىدەك ئۇنىڭ سىرى تولۇق ئەمەلگە
ئاشىدۇ، ــ دېدى.
[8] مەن ئاسماندىن ئاڭلىغان ئاۋاز ماڭا يەنە سۆزلەپ:
بېرىپ، دېڭىز ھەم قۇرۇقلۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پەرىشتىنىڭ
قولىدىكى ئېچىقلىق ئورام يازمىنى ئالغىن، دېدى.
[9] مەن بېرىپ، پەرىشتىنىڭ كىچىك ئورام يازمىنى ماڭا بېرىشىنى
سورىدىم. ئۇ ماڭا:
بۇنى ئېلىپ يە! ئاشقازىنىڭنى زەرداب قىلىدۇ، بىراق ئاغزىڭ
ھەسەلدەك تاتلىق بولىدۇ، دېدى.
[10] مەن شۇنىڭ بىلەن كىچىك ئورام يازمىنى پەرىشتىنىڭ قولىدىن
ئېلىپ يېدىم؛ دەرۋەقە ئاغزىمغا ھەسەلدەك تاتلىق تېتىدى، لېكىن
يېگەندىن كېيىن ئاشقازىنىم زەرداب بولدى. [11] شۇنىڭ بىلەن ماڭا:
سەن كۆپ مىللەتلەر، ئەللەر ۋە ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغانلار ۋە
پادىشاھلار توغرىسىدىكى ۋەھيي-بېشارەتلەرنى يەنە جاكارلىشىڭ
لازىم، دېيىلدى.

**6:10** ۋەھ. 15:11.

**7:10** يەش. 13:27؛ زەك. 14:9؛ مات. 31:24؛ 1كور. 52:15؛ 1تېس. 16:4؛ ۋەھ. 15:11

9:10 **«...بۇنى ئېلىپ يە! ئاشقازىنىڭنى زەرداب قىلىدۇ، بىراق ئاغزىڭ ھەسەلدەك تاتلىق بولىدۇ»** ــ كۆچمە مەنىسى «ساڭا ئاۋۋال بىرخىل خۇشاللىق يەتكۈزىدۇ، لېكىن كېيىن يۈرىكىڭنى ئېچىشتۇرىدۇ» دېگەندەك بولىدۇ. **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «ئەز.» 2:6-3:3.

**9:10** ئەز. 1:3.

10:10 **«مەن شۇنىڭ بىلەن كىچىك ئورام يازمىنى پەرىشتىنىڭ قولىدىن ئېلىپ يېدىم...»** ــ «ئورام يازمىنى يېيىش» بىزنىڭچە يۇھاننا مەزمۇنىنى يەتكۈزۈشى كېرەك بولىدىغان، تۆۋەندىكى 11-19-بابلاردىكى بېشارەتلەر بىلەن باغلىق. «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئۇ توغرۇلۇق توختىلىمىز.

## ئىككى گۇۋاھچى؛ «ئىككىنچى ۋاي»نىڭ داۋامى

11 [1] ماڭا ئۆلچىگۈچ ھاسىدەك بىر قومۇش بېرىلىپ، مۇنداق
دېيىلدى:
«بارغىن، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى، قۇربانگاھى ۋە ئۇ يەردە ئىبادەت
قىلغۇاتقانلارنى ئۆلچىگىن. [2] لېكىن ئىبادەتخانىنىڭ تاشقىرىقى
ھويلىسىنى ئۆلچىمەي قوي، چۈنكى ئۇ يەر يات تائىپىلەرگە بېرىلدى،
شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس شەھەر قىرىق ئىككى ئاي دەپسەندە
قىلىنىدۇ. [3] مەن ئىككى گۇۋاھچىمغا قۇدرەت بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار بۆز كىيىم كىيىپ، ۋەھىي-بېشارەتلەرنى بىر مىڭ ئىككى يۈز
ئاتمىش كۈن يەتكۈزىدۇ» [4] (بۇلار يەر-زېمىننىڭ رەببى ئالدىدا تۇرغان
ئىككى تۈپ زەيتۇن دەرىخى ۋە ئىككى چىراغداندۇر).
[5] بىرەرسى ئۇلارنى زەخىملەندۈرمەكچى بولسا، ئېغىزلىرىدىن
ئوت پۈركۈلۈپ چىقىپ، دۈشمەنلىرىنى يەپ تۈگىتىدۇ. ئۇلارنى
زەخىملەندۈرمەكچى بولغانلار مانا شۇنداق ئۆلتۈرۈلىدۇ. [6] ئۇلار
بېشارەت-ۋەھىينى يەتكۈزگەن كۈنلەردە يامغۇر ياغدۇرماسلىقتا
ئاسماننى ئېتىۋېتىش قۇدرىتىگە ئىگە؛ سۇلارنى قانغا ئايلاندۇرۇش
ۋە ھەرخىل بالا-ۋابا بىلەن يەر-زېمىننى خالىغان ۋاقىتتا ئۇرۇش

---

1:11 «بارغىن، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى، قۇربانگاھى ۋە ئۇ يەردە ئىبادەت قىلغۇاتقانلارنى ئۆلچىگىن» — قىزىق يېرى شۇكى، يۇھاننا مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى ۋە ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلغۇچىلارنى ئۆلچىگىن دەپ بۇيرۇلغىنى بىلەن ئۇ بىزگە بۇلارنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئېيتمايدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە ئازراق توختىلىمىز. «مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر» — «ئەز.» 3:40 قاتارلىقلار، «زەك.» 1:2-4.
1:11 ئەز. 3:40-49؛ ئەز. 41؛ ئەز. 42؛ ئەز. 43؛ زەك. 1:2-4
2:11 ۋەھ. 5:13.
3:11 «ئىككى گۇۋاھچىم... بۆز كىيىم كىيىپ...» — كونا زامانلاردا «بۆز كىيىم كىيىش» توۋا قىلىش ياكى ماتەم تۇتۇشنى بىلدۈرەتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ توۋا قىلىش ھەققىدىكى خەۋەرنى تەكىتلەش ئۈچۈن بولىدۇ.
4:11 «مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر» — «زەك.» 1:4-7.
4:11 زەك. 14:4، 3.

قۇدرىتىگىمۇ ئىگە. [7]ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق ۋەزىپىسى ئاياغلىشىشى
بىلەن، تېگى يوق ھاڭدىن چىقىدىغان دىۋە ئۇلار بىلەن ئېلىشىدۇ ۋە
ئۇلارنى يېڭىپ ئۆلتۈرىدۇ. [8]جەسەتلىرى روھىي جەھەتتىن سودوم ۋە
مىسىر دەپ ئاتىلىدىغان شۇ كاتتا شەھەرنىڭ غول كوچىسىدا ياتىدۇ؛
شۇ يەردە ئۇلارنىڭ رەببىمۇ كرېستلەنگەنىدى. [9]ھەر مىللەتتىن، ھەر
قەبىلىدىن ۋە ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلاردىن، ھەر ئەلدىن
بولغان ئادەملەر ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىگە ئۈچ يېرىم كۈن تىكىلىپ
قارايدۇ ۋە جەسەتلەرنىڭ يەرلىككە قويۇلۇشىغا يول قويمايدۇ.
[10]يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقانلار ئۇلارنىڭ بۇ ھالىدىن خۇشاللىنىپ،
تەبرىكلىشىپ، بىر-بىرىگە ھەدىيەلەر ئەۋەتىشىدۇ؛ چۈنكى بۇ
ئىككى پەيغەمبەر يەر يۈزىدىكىلەرنى قىينايتتى.
[11]لېكىن ئۈچ يېرىم كۈندىن كېيىن، خۇدادىن كەلگەن ھاياتلىق
نەپەسى ئىككىيلەنگە كىردى، ئۇلار ئورنىدىن پۇت تىرەپ تۇردى؛
ئۇلارغا قاراۋاتقانلارنىڭ ئۈستىگە چوڭ بىر قورقۇنچ چۈشتى. [12]ئاندىن
ئۇلار ئىككەيلەنگە ئەرشتىن كەلگەن: — «بۇ ياققا چىق!» دېگەن
يۇقىرى بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ

---

**6:11** مىس. 7؛ 8؛ 9؛ 10؛ 12؛ 1پاد. 1:17.

**7:11 «تېگى يوق ھاڭدىن چىقىدىغان دىۋە ئۇلار بىلەن ئېلىشىدۇ»** — گرېك تىلىدا «تېگى يوق ھاڭدىن چىقىدىغان دىۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ».

**7:11** دان. 21:7؛ ۋەھ. 11:13، 7.

**8:11 «روھىي جەھەتتىن سودوم ۋە مىسىر دەپ ئاتىلىدىغان شەھەر»** — سودوم ئېغىر بۇزۇقلۇقتا چۆمگەنىدى، مىسىر بولسا خۇدانىڭ بەندىلىرىگە نىسبەتەن ئەسلىدە ئۇلارنى ئەسىر قىلىۋالغان «بۇ رەزىل دۇنيا»نىڭ سىمۋولىدۇر. شەھەرنىڭ «روھىي جەھەتتىن» شۇ ناملاردا بولۇشى «رىم» ياكى «بابىل (بابىلون)»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ شەھەر ھەرھالدا ئاخىرقى زاماندا بۇ رەزىل دۇنيانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ئەڭ چوڭ نامايەندە بولۇشى كېرەك.
—بەزى ئالىملار شەھەرنى يېرۇسالېم دەپ قارايدۇ.

**8:11** ۋەھ. 2:7، 5؛ 10:18.

**11:11 «خۇدادىن كەلگەن ھاياتلىق نەپەسى ئىككىيلەنگە كىردى...»** — گرېك تىلىدا «نەپەس» ۋە «روھ» بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**11:11** ئەز. 10:37، 5

كۆز ئالدىدا بىر بۇلۇت ئىچىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. 13 دەل شۇ سائەت
ئىچىدە شىددەتلىك يەر تەۋرەش يۈز بەردى، شەھەرنىڭ ئوندىن بىرى
گۇمران بولۇپ، يەتتە مىڭ كىشى ھالاك بولدى. قالغانلىرى دەككە-
دۈككىگە چۈمۈپ، ئەرشتىكى خۇدانى ئۇلۇغلاشتى.
14 ئىككىنچى «ۋاي» ئۆتۈپ كەتتى؛ مانا، ئۈچىنچى «ۋاي» كېلىشكە
ئاز قالدى.

## يەتتىنچى پەرىشتىنىڭ كاناي چېلىشى؛ «ئۈچىنچى ۋاي»

15 ئاندىن يەتتىنچى پەرىشتە كانىيىنى چالدى؛ ئەرشتە يۇقىرى ئاۋازلار
ئاڭلىنىپ مۇنداق دېيىلدى: ــ
«دۇنيانىڭ پادىشاھلىقى پەرۋەردىگارىمىز
ۋە ئۇنىڭ مەسىھىنىڭ پادىشاھلىقى بولدى،
ئۇ ئەبەدىلئەبەدگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ».
16 خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆز تەختلىرىدە ئولتۇرغان يىگىرمە تۆت ئاقساقال
يەرگە يىقىلىپ باش قويۇپ، خۇداغا سەجدە قىلىپ مۇنداق دېيىشتى: -

17 «شۈكۈرلەر ئېيتىمىز ساڭا،
ئى بار بولغۇچى ۋە بار بولغان ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا،
چۈنكى ئۇلۇغ قۇدرىتىڭنى قولۇڭغا ئېلىپ،
ھۆكۈمۈڭنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدىڭ.
18 ئەللەر غەزەپلەنگەندى،
ئەمدى سېنىڭ غەزىپىڭ يېتىپ كەلدى!

---

12:11 **«ئۇلار ئىككەيلەنگە ئەرشتىن كەلگەن: ــ «بۇ ياققا چىق!» دېگەن يۇقىرى بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى»** ــ بەزى قەدىمكى كۆچۈرمىلەردە: «مەن ئۇلار ئىككىلىسى ئۆزلىرىگە ئەرشتىن كەلگەن: ــ «بۇ ياققا چىق!» دېگەن يۇقىرى بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم» دېيىلىدۇ.

13:11 **«يەتتە مىڭ كىشى ھالاك بولدى»** ــ گرېك تىلىدا «يەتتە مىڭ نام ھالاك بولدى».

**14:11** ۋەھ. 13:8؛ 12:9؛ 1:15.

**15:11** يەش. 13:27؛ زەك. 14:9؛ مات. 31:24؛ 1كور. 52:15؛ 1تېس. 16:4؛ ۋەھ. 7:10

**17:11** ۋەھ. 4:1، 8؛ 18:4؛ 5:16.

ئۆلگەنلەرنى سوراق قىلىش،
قۇل-خىزمەتكارلىرىڭ بولغان پەيغەمبەرلەرنى،
مۇقەددەس بەندىلەرنى،
تۆۋەن ياكى كاتتا بولسۇن نامىڭدىن قورققانلارنى ئىنئامىڭغا ئىگە قىلىش،
يەر يۈزىنى ھالاك قىلغانلارنى ھالاك قىلىش ۋاقتى كەلدى».

[19] ئاندىن خۇدانىڭ ئەرشتىكى ئىبادەتخانىسى ئېچىلدى ۋە ئۇنىڭ
ئەھدە ساندۇقى ئىبادەتخانىدا كۆرۈندى؛ چاقماقلار، تۇرلۇك ئاۋازلار،
گۈلدۈرماملار ، يەر تەۋرەش ۋە دەھشەتلىك مۆلدۈر بولدى.

## ئايال، ئوغۇل بالا ۋە ئەجدىها

12 [1] ئۇ چاغدا، ئەرشتە ئاجايىپ بىر كارامەت پەيدا بولدى ــ ئۇ
قۇياشنى يېپىنچاقلىغان، پۇتلىرىنىڭ ئاستىدا ئاي، بېشىدا
ئون ئىككى يۇلتۇزلۇق تاج بار بىر ئايال ئىدى. [2] ئۇ ھامىلىدار بولۇپ،
تولغاق يەپ تۇغۇش ئازابىدا داد-پەرياد كۆتۈردى. [3] ئاندىن ئەرشتە يەنە
بىر ئالامەت كۆرۈندى ــ مانا، يەتتە باشلىق، ئون مۈڭگۈزلۈك، يەتتە
بېشىدا يەتتە تاج بار بولغان چوڭ بىر قىزىل ئەجدىها تۇراتتى. [4] ئۇ
قۇيرۇقى بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سۆپۈرۈپ،
ئۇلارنى يەر يۈزىگە چۆرۈۋەتتى. ئەجدىها تۇغاي دەپ قالغان ئايال
يەڭگىگەن ھامان ئۇنىڭ بالىسىنى يالماپ يۇتۇۋەتمەكچى بولۇپ

**19:11** ۋەھ. 5:15.

2:12 **«ئۇ ئايال ھامىلىدار بولۇپ، تولغاق يەپ تۇغۇش ئازابىدا داد-پەرياد كۆتۈردى...»**
ــ ئايال توغرۇلۇق ئۈچ پىكىر بار؛ ئۇ ياكى (1) جامائەتنى؛ ياكى (2) بۈۋى مەريەم؛ ياكى (3) ئىسرائىلنى بىلدۈرىدۇ. بىزنىڭ ئۇنىڭ ئىسرائىلنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا قىلچە گۇمانىمىز يوق. —ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ تەۋرات، «يارىتىلىش» 37-بابتا خاتىرىلەنگەن چۈشىنى كۆرۈڭ. «ئايال» جامائەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى «ئايال» مەسىھنى تۇغىدۇ (5-ئايەت). 17:12نىمۇ كۆرۈڭ.

ئۇنىڭ ئالدىدا تۇردى. [5]ئايال بىر بالا، يەنى پۈتۈن ئەللەرنى تۆمۈر
ھاسىسى بىلەن پادىچىدەك باقىدىغان بىر ئوغۇل تۇغدى. بالا بولسا
خۇدانىڭ ۋە ئۇنىڭ تەختىنىڭ ئالدىغا غاچچىدە ئېلىپ چىقىلدى.
[6]ئايال چۆلگە قاچتى؛ ئۇ يەردە ئۇنىڭ **1260** كۈن بېقىلىشى ئۈچۈن
ئۇنىڭغا خۇدا تەرىپىدىن ھازىرلاپ قويۇلغان بىر جاي بار ئىدى.
[7]ئاندىن ئەرشتە جەڭ بولدى. باش پەرىشتە مىكائىل ۋە ئۇنىڭ
پەرىشتىلىرى ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلغىلى تۇردى؛ ئەجدىھامۇ
ئۆز پەرىشتىلىرى بىلەن ئۇلارغا ئېتىلدى. [8]لېكىن ئۇ ئۈستۈنلۈك
قازىنالمىدى، ئۇنىڭغا ۋە پەرىشتىلىرىگە ئەرشتە تۇرۇشقا ئورۇن
قالمىدى. [9]شۇنىڭ بىلەن زور ئەجدىھا، يەنى ئىبلىس ۋە شەيتان دەپ
ئاتالغان، پۈتۈن جاھاننى ئازدۇرغۇچى ھېلىقى قەدىمىي يىلان يەر
يۈزىگە تاشلاندى. ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تاشلاندى.
[10]ئاندىن مەن ئەرشتە يۇقىرى بىر ئاۋازنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى
ئاڭلىدىم: ــ

«كەلدى خۇدايىمىزنىڭ نىجاتلىقى، قۇدرىتى، پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ
مەسىھىنىڭ ھوقۇقى!

چۈنكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا
كېچە-كۈندۈز شىكايەت قىلىپ تۇرغان شىكايەت قىلغۇچى ئەرشتىن
تاشلىۋېتىلدى؛

---

4:12 **«ئۇ ئەجدىھا قۇيرۇقى بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سۈپۈرۈپ، ئۇلارنى يەر يۈزىگە چۆرۈۋەتتى...»** ــ بۇ ۋەھيي بىزنىڭچە شەيتاننىڭ ئەسلىدە ئەرشتە خۇداغا قارشى كۆتۈرگەن ئىسيانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق شەرھ توغرا بولسا، پەرىشتىلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى ئىسيانغا قوشۇلۇپ ھازىرقى جىنلار بولۇپ چىققان.

**5:12** زەب. 9:2؛ ۋەھ. 27:2.

**6:12** يەر. 13:49، 14؛ مك. 12:2، 13؛ ۋەھ. 3:11

7:12 **«باش پەرىشتە مىكائىل»** ــ باش پەرىشتە مىكائىلنىڭ ئىسرائىل خەلقىنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە مەسئۇلىيىتى بار («دان.» 13:10، 21، 1:12 ۋە «يەھ.» 9نى كۆرۈڭ).

**8:12** دان. 35:2.

**9:12** لۇقا 18:10؛ ۋەھ. 2:20.

11 قىرىنداشلار ئۇنىڭ ئۇستىدىن قوزىنىڭ قېنى ۋە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق
سۆزى بىلەن غالىب كەلدى؛
ئۇلار ھەتتا ئۆلۈمنى كۆزىگە ئىلماي ئۆز جېنىنى ئەزىز كۆرمىدى.
12 شۇنىڭ ئۈچۈن، شادلىنىڭلار، ئەي ئەرشلەر ۋە ئۇلاردا تۇرۇۋاتقانلار!
لېكىن ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي يەر ۋە دېڭىزلار!
چۈنكى ئىبلىس ئۈستۈڭلارغا چۈشتى؛
ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بىلگەچ،
غەزەپ-قەھرى بىلەن كەلدى!».
13 ئەجدىھا ئۆزىنىڭ يەر يۈزىگە تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغۇل بالىنى
تۇغقان ئايالنى قوغلاشقا باشلىدى. 14 ئايالنىڭ يىلاننىڭ يۈزىدىن
دالدىلىنىشى، چۆلدە ئۆزى ئۈچۈن ھازىرلانغان ماكانىغا بېرىپ بىر
مەزگىل، ئىككى مەزگىل ۋە يېرىم مەزگىل بېقىلسۇن دەپ شۇ يەرگە
ئۇچۇپ كېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يوغان بىر بۈركۈتنىڭ ئىككى
قانىتى بېرىلدى. 15 ئاندىن يىلان ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئاغزى بىلەن
دەريادەك سۇ پۈركۈپ، ئۇنى سەل بىلەن ئېقىتىپ يوقاتماقچى بولدى.
16 لېكىن زېمىن ئايالغا ياردەم قىلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ، ئەجدىھا
ئاغزىدىن پۈركۈپ چىقارغان دەريانى يۇتۇۋەتتى. 17 بۇنىڭ بىلەن
ئەجدىھانىڭ ئايالغا قاتتىق غەزىپى كېلىپ، ئۇنىڭ قالغان نەسلى،
يەنى خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئەيسانىڭ گۇۋاھلىقىنى
تۇتقان پەرزەنتلىرى بىلەن جەڭ قىلغىلى كەتتى؛ ئۇ دېڭىز ساھىلى
ئۈستىدە تۇراتتى.

---

**12:12** زەب. 11:96؛ يەش. 13:49؛ ۋەھ. 13:8.

**14:12** **«بىر مەزگىل، ئىككى مەزگىل، ۋە يېرىم مەزگىل»** ــ 1260 كۈن، تەخمىنەن ئۈچ يېرىم يىل. «دان.» 7:25، 12:7نى، ئىزاھاتلىرى ۋە «دانىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ

**14:12** ۋەھ. 6:2.

**17:12** **«ئەيسانىڭ گۇۋاھلىقىنى تۇتقان پەرزەنتلىرى»** ــ ياكى ئەيسا توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بېرىدىغانلار، ياكى ئۇ ئۆزى بەرگەن گۇۋاھلىقنى چىڭ تۇتقانلارنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە ئاۋۋالقىسى توغرا.

## دىڭىزدىن چىققان دىۋە

13 1 ئاندىن، دىڭىزدىن ئون مۈڭگۈزلۈك، يەتتە باشلىق
بىر دىۋىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ھەربىر
مۈڭگۈزىدە بىردىن تاج بار ئىدى، ھەربىر بېشىدا كۇپۇرلۇقناملىرى
يېزىقلىق ئىدى. 2 مەن كۆرگەن بۇ دىۋە يىلپىزغا ئوخشايتتى،
پۇتلىرى ئېيىقنىڭ پۇتلىرىغا، ئاغزى بولسا شىرنىڭ ئاغزىغا
ئوخشايتتى. ئەجدىھا ئۇنىڭغا ئۆز قۇدرىتى، تەختى ۋە زور ھوقۇقىنى
بەردى. 3 دىۋىنىڭ باشلىرىدىن بىرى ئەجەللىك يارىلانغاندەك
تۇراتتى. لېكىن، بۇ ئەجەللىك يارا ساقايغانىدى. پۈتكۈل دۇنيا
دىۋىگە ھەيرانۇھەس بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. 4 ئەجدىھا دىۋىگە
سەلتەنەتلىك ھوقۇق بەرگەچكە ئۇلار ئەجدىھاغا چوقۇنۇشتى. ئۇلار
يەنە دىۋىگىمۇ چوقۇنۇپ: ــ دىۋىنىڭ تەڭدىشى بارمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن
كىممۇ ئېلىشالىسۇن؟ ــ دېدى.
5 دىۋىگە تەكەببۇرلۇق ۋە كۇپۇرلۇق قىلىدىغان ئېغىز بېرىلدى؛
ئۇنىڭغا قىرىق ئىككى ئاي ئىش كۆرۈشكە ھوقۇق بېرىلدى. 6 ئۇ
خۇداغا كۇپۇرلۇق قىلغىلى ــ ئۇنىڭ نامىغا ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا،
شۇنداقلا ئەرشنى ماكان قىلغانلارغا كۇپۇرلۇق قىلغىلى ئاغزىنى

---

1:13 **«دىڭىزدىن ئون مۈڭگۈزلۈك، يەتتە باشلىق بىر دىۋىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم»** ــ ئادەمئاتىمىز خۇدانىڭ ئوبرازىدا بولغاندەك (كېيىن گۇناھ قىلغاچقا بۇ ئوبراز بۇزۇلغان، ئەلۋەتتە)، ئاندىن مەسىھ ئۆزى خۇدانىڭ مۇكەممەل ئوبرازى، شۇنداقلا يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى بولغاندەك، بۇ «دىۋە» 12-بابتا كۆرۈنگەن شەيتانىنىڭ تۇپتۇغرا (يەتتە باشلىق ئون مۈڭگۈزلۈك) ئوبرازىدۇر. يەنە بىر قىزىق ئىش شۇكى، ئۇ كۆرۈنۈشتە مەسىھكە ئوخشاش «ئۆلۈمدىن تىرىلگەن» بولىدۇ (3-ئايەت). شۇنىڭ بىلەن بىزدە قىلچە گۇمان يوقكى، بۇ دىۋە شەيتانىنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى، يەنى مەسىھنىڭ رەقىبى بولغان ئادەم ــ دەججالنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

**1:13** دان. 20:7؛ ۋەھ. 3:17.

2:13 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «دان.» 1:7-8.

**2:13** دان. 1:7-8

**4:13** ۋەھ. 18:18.

**5:13** ۋەھ. 2:11.

ئاچتى. [7] ئۇنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىگە قارشى جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ
ئۈستىدىن غالىب كېلىشىگە يول قويۇلدى؛ ھەر قەبىلە، ھەر مىللەت،
ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش
ھوقۇقى ئۇنىڭغا بېرىلدى. [8] يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ــ ئالەم
ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان بوغۇزلىنىپ بولغان قوزىنىڭ ھاياتلىق
دەپتىرىگە نامى يېزىلمىغانلار بولسا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ.
[9] قۇلىقى بارلار، بۇنى ئاڭلىسۇن!

[10] ««تۇتقۇن بولىدۇ» دەپ بېكىتىلگەنلەر چوقۇم تۇتقۇن بولىدۇ،
«قىلىچلىنىدۇ» دەپ بېكىتىلگەنلەر چوقۇم قىلىچلىنىپ ئۆلىدۇ».

مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ سەۋرى-تاقىتى ۋە ئېتىقادى مانا شۇ
ئىشلاردا مەلۇم بولىدۇ.

## يەردىن چىققان دىۋە

[11] مەن يەردىن چىقىۋاتقان يەنە بىر دىۋىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ
قوزىنىڭكىدەك كىچىك ئىككى مۈڭگۈزى بار ئىدى، لېكىن ئاۋازى

---

6:13 «...ئۇنىڭ نامىغا ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا...كۇپۇرلۇق قىلغىلى...» ــ ياكى «... ئۇنىڭ نامىغا ۋە ئۇنىڭ تۇرالغۇ چېدىرىغا... كۇپۇرلۇق قىلغىلى...». «ئۇنىڭ دەرگاھى» ياكى ئەرشتىكى تۇرالغۇسى ياكى يەر يۈزىدىكى ئىبادەتخانىسىنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك.

7:13 دان. 21:7؛ ۋەھ. 7:11.

8:13 «ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان بوغۇزلىنىپ بولغان قوزىنىڭ ھاياتلىق دەپتىرىگە نامى يېزىلمىغانلار بولسا» ــ باشقا بىرخىل تەرجىمىسى: «ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان، بوغۇزلانغان قوزىنىڭ ھاياتلىق دەپتىرىگە نامى يېزىلمىغانلار بولسا،...»

8:13 مىس. 33:32؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 5:3؛ 8:17؛ 12:20؛ 27:21.

10:13 ««قىلىچلىنىدۇ» دەپ بېكىتىلگەنلەر چوقۇم قىلىچلىنىپ ئۆلىدۇ» ــ باشقا بىر كۆچۈرمىدە: «كىم قىلىچلاپ ئۆلتۈرسە، قىلىچلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى مۇقەررەر» دېگەن سۆزلەر تېپىلىدۇ. بۇ سۆز رەببىمىزنىڭ «مات.» 52:26دە دېگەن سۆزلىرىگە ماس كېلىدۇ.

10:13 يار. 6:9؛ مات. 52:26؛ ۋەھ. 12:14.

ئەجدىھانىڭكىدەك چىقاتتى. [12]ئۇ ئاۋۋالقى دىۋىگە ۋاكالىتەن
ئۇنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، يەر يۈزىنى ۋە ئۇنىڭدا
تۇرۇۋاتقانلارنى ئەجەللىك يارىسى ساقايغان ئاۋۋالقى دىۋىگە
چوقۇندۇرىدۇ. [13]ئۇ زور مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسىتەتتى،
ھەتتا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاسماندىن يەر يۈزىگە ئوت
ياغدۇراتتى. [14]ئۇ ئاۋۋالقى دىۋىگە ۋاكالىتەن كۆرسىتىشكە
ھوقۇقلاندۇرۇلغان ئالامەتلەر بىلەن يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقانلارنى
ئازدۇرۇپ، ئۇلارغا «قىلىچ بىلەن يارىلانغان، لېكىن تىرىك
قالغان» دېگەن ئاۋۋالقى دىۋىگە ئاتاپ بىر بۇت-ھەيكەل ياساپ
تىكلەشنى تاپىلىدى. [15]دىۋىنىڭ بۇت-ھەيكىلىگە نەپەس
كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۇنى سۆزلىيەلەيدىغان قىلىش ۋە ئۇنىڭغا
چوقۇنمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈش قۇدرىتى
بېرىلدى. [16]ئۇ تۆۋەن ۋە كاتتا، باي ۋە كەمبەغەل، ھۆر ۋە
قۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئوڭ قولى ياكى پېشانىسىگە تامغا
باستۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. [17]ئۇ يەنە بۇ تامغا، يەنى دىۋىنىڭ
نامى ياكى ئۇنىڭ نامىدىكى رەقەم بېسىلغانلاردىن باشقا
ھېچكىم بىر نەرسە سېتىۋالالمايدۇ ياكى ساتالمايدۇ، دەپ
بېكىتتى.

**11:13** ۋەھ. 7:11.

**12:13** ۋەھ. 20:19.

**13:13** 2تېس. 9:2؛ ۋەھ. 14:16.

**14:13** قان. 2:13؛ مات. 24:24؛ ۋەھ. 14:16؛ 20:19.

**15:13** ۋەھ. 20:19.

**17:13** ۋەھ. 11:14.

[18] مانا بۇ يەردە ھېكمەت بار. ئەقىل-پاراسىتى بارلىكى كىشىلەر
دىۋىنىڭ رەقىمىنى ھېسابلاپ باقسۇن؛ چۈنكى بۇ رەقەم بىر
ئادەمنىڭ رەقىمى بولىدۇ. ئۇنىڭ رەقىمى 666دۇر.

## قۇتقۇزۇۋېلىنغانلارنىڭ مەدھىيە كۈيى

14 [1] ئاندىن مەن كۆردۈمكى، مانا، قوزا زىئون تېغى ئۈستىدە
تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا پېشانىسىگە ئۆز نامى ۋە
ئاتىسىنىڭ نامى يېزىلغان بىر يۈز قىرىق تۆت مىڭ كىشى بار
ئىدى. [2] ئاسماندىن خۇددى شارقىراپ ئېقىۋاتقان نۇرغۇن سۇلارنىڭ
ئاۋازىدەك ۋە قاتتىق گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋازنى
ئاڭلىدىم. مەن ئاڭلىغان ئاۋاز يەنە چىلتارچىلار چىلتارلارنى
چالغان ئاۋازغا ئوخشايتتى؛ [3] ھېلىقى كىشىلەر تەختىنىڭ، تۆت
ھايات مەخلۇقنىڭ ۋە ئاقساقاللارنىڭ ئالدىدا يېڭى بىر كۈينى
ئېيتىشتى. بۇ كۈينى گۇناھلىرىنىڭ بەدىلى تۆلىنىپ بۇ دۇنيادىن
ئازاد قىلىنغان كىشىلەردىن بىر يۈز قىرىق تۆت مىڭدىن باشقا
ھېچكىم ئۆگىنەلمەيتتى. [4] ئۇلار ئاياللار تەرىپىدىن گۇناھتا
بۇلغانمىغان، چۈنكى ئۇلار پاك ئادەملەردۇر. قوزا نەگە بارسا،
ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ يەرگە بارىدۇ. ئۇلار بەدەل بىلەن

18:13 **«بۇ رەقەم بىر ئادەمنىڭ رەقىمى بولىدۇ»** ــ ياكى «بۇ رەقەم ئىنسانىنىڭ رەقىمى بولىدۇ». **«ئەقىل-پاراسىتى بارلىكى كىشىلەر دىۋىنىڭ رەقىمىنى ھېسابلاپ باقسۇن... ئۇنىڭ رەقىمى 666دۇر»** ــ «دىۋىنىڭ رەقىمىنى ھېسابلاش» مۇرەككەپ ئىش ئەمەس. بىز «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە شۇ كونا زامانلاردىكى ھېسابلاش تۈزۈمىنى جەدۋەلدە كۆرسىتىمىز. بۇ بابدىكى باشقا بەزى مۇھىم ئىشلار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**18:13** ۋەھ. 9:17.

1:14 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «زەب.» 48-كۈي، «ئىبر.» 12:18-29.

**1:14** 2تار. 7:23؛ زەب. 48؛ ئىبر. 12:18-29؛ ۋەھ. 4:7

**2:14** ۋەھ. 1:15؛ 5:8.

**3:14** ۋەھ. 5:9.

ئىنسانلار ئارىسىدىن خۇداغا ۋە قوزىغا ھوسۇلنىڭ تۇنجى
مېۋىسىدەك بولۇش ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان. [5]ئۇلار ئەيىبسىز
بولۇپ، ئاغزىدىن ھېچ يالغان سۆز چىقمايدۇ.

## ئۈچ پەرىشتە ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەر

[6]ئاندىن مەن ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن باشقا بىر
پەرىشتىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقانلارغا، يەنى ھەربىر
ئەل، قەبىلە، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلار، ھەر مىللەتلەرگە
ئېلىپ يەتكۈزۈشى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك خۇش خەۋەر تاپشۇرۇلدى. [7]ئۇ
يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

خۇدادىن قورقۇڭلار، ئۇنى ئۇلۇغلاڭلار! چۈنكى ئۇنىڭ سوت قىلىش
سائىتى يېتىپ كەلدى؛ ئاسماننى، زېمىننى، دېڭىزنى ۋە سۇ
بۇلاقلىرىنى ياراتقۇچىغا سەجدە قىلىڭلار! ــ دەيتتى.

[8]ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككىنچى پەرىشتە كېلىپ مۇنداق دېدى:
«غۇلىدى! كاتتا شەھەر بابىل غۇلىدى، ئۇ ئۆز زىنا-بۇزۇقلۇقىنىڭ

---

4:14 **«چۈنكى ئۇلار پاك ئادەملەردۇر»** ــ «پاك ئادەملەر» بولسا گرېك تىلدا ئادەتتە بۇ سۆز جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئۆتكۈزمىگەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ يەردە (1) ئەمەلىي شۇ مەنىدە (2) ياكى روھىي جەھەتتە كۆچمە مەنىدە (3) ياكى ئىككى مەنىدە تەڭ بولۇشى مۇمكىن. ئايەتتىن كۆرۈنىدۇكى، ئۇلار ھەممىسى ئوغۇل باللار. **«ئۇلار بەدەل بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىن خۇداغا ۋە قوزىغا ھوسۇلنىڭ تۇنجى مېۋىسىدەك بولۇش ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان»** ــ «ھوسۇلنىڭ تۇنجى مېۋىسى»نىڭ ئۆز قىممىتى بار، ئەلۋەتتە؛ تەۋرات دەۋرىدە ئىسرائىللار دائىم «ھوسۇلنىڭ تۇنجى مېۋىسى» خۇداغا (نەزىر قىلىپ) ئاتايتتى. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

**4:14** 2كور. 2:11.

5:14 **«ئۇلار ئەيىبسىز بولۇپ، ئاغزىدىن ھېچ يالغان سۆز چىقمايدۇ»** ــ مۇشۇ يەردە بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە «چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ تەختى ئالدىدا ئەيىبسىز ئىسپاتلىنىدۇ» دېگەن سۆزلەر قوشۇلىدۇ.

**5:14** زەف. 13:3؛ ئەف. 27:5.

**7:14** يار. 1:1؛ زەب. 6:33؛ 8:124؛ 6:146؛ روس. 15:14؛ 24:17.

**سەۋدالىق شارابىنى پۇتكۇل ئەللەرگە ئىچكۈزگەن».**
**9 ئالدىنقى ئىككى پەرىشتىنىڭ كەينىدىن يەنە بىر پەرىشتە، يەنى**
**ئۈچىنچى پەرىشتە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى: ــ**
**«كىمدىكىم دىۋىگە ۋە ئۇنىڭ بۇت-ھەيكىلىگە چوقۇنسا، ئۇنىڭ**
**تامغىسىنى پېشانىسىگە ياكى قولىغا قوبۇل قىلسا، 10 خۇدانىڭ**
**قەھرىنىڭ ئەبجەش قىلىنمىغان ساپ شارابىنى ئۇنىڭ غەزىپى بىلەن**
**تولغان قەدەھتە ئىچىدۇ. ئۇ مۇقەددەس پەرىشتىلەرنىڭ ۋە قوزىنىڭ**
**ئالدىدا ئوت ۋە گۈڭگۈرتتە قىينىلىدۇ. 11 ئۇلارنىڭ قىينىلىشلىرىدىن**
**چىققان ئىس-تۈتەكلەر ئەبەدىلئەبەد پۇرقىراپ تۇرىدۇ؛ دىۋىگە**
**ۋە ئۇنىڭ بۇت-ھەيكىلىگە چوقۇنغانلار ياكى ئۇنىڭ نامىنىڭ**
**تامغىسىنى قوبۇل قىلغانلارغا كېچە-كۈندۈز ئاراملىق بولمايدۇ».**
**12 مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ سەۋرى-تاقىتى ۋە ئېتىقادى مانا شۇ**
**ئىشلاردا مەلۇم بولىدۇ. 13 مەن يەنە ئاسماندا مۇنداق بىر ئاۋازنى**
**ئاڭلىدىم: ــ**
**«بۇ سۆزنى ياز: «بۇنىڭدىن كېيىن رەبدە ۋاپات بولۇپ ئۆلگەنلەر**
**بەختلىكتۇر!**
**دۇرۇس، دەيدۇ روھ، ــ ئۇلار ھازىر ئۆز ئىشلىرىدىن توختاپ ئارام**
**ئالالايدۇ. چۈنكى قىلغان ئەمەللىرى ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلىدۇ»».**

---

8:14 **«ئۇ ئۆز زىنا-بۇزۇقلۇقىنىڭ سەۋدالىق شارابىنى پۇتكۇل ئەللەرگە ئىچكۈزگەن» ــ** «سەۋدالىق» توغرۇلۇق: گرېك تىلىدا «سەۋداسى» دېگەن سۆز ئىككى بىسلىق سۆز بولۇپ، يەنە «غەزەپ» دېگەن مەنىسىمۇ بار؛ شۈبھىسىزكى، مۇشۇ يەردە بۇنىڭ ئىككىنچى مەنىدە كەلگەن؛ بابىلنىڭ شارابىنى ئىچكەنلەر خۇدانىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

**8:14** يەش. 9:21؛ يەر. 8:51؛ ۋەھ. 19:16؛ 5:17؛ 21:18، 10، 2.

**10:14** ۋەھ. 19:16؛ 6:18؛ 20:19.

**11:14** ۋەھ. 3:19.

**12:14** ۋەھ. 10:13.

13:14 **«دۇرۇس، دەيدۇ روھ»** ــ «روھ» بولسا مۇقەددەس روھ. **«قىلغان ئەمەللىرى ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلىدۇ»** ــ دېمەك، ئەمەللىرىنىڭ ئىنئامى بېشىغا چۈشىدۇ.

# يەر يۈزىدىن ئالغان ئىككى ئورما

[14] مەن كۆردۈمكى، مانا بىر پارچە ئاق بۇلۇت، بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە
بېشىغا ئالتۇن تاج كىيگەن، قولىدا ئۆتكۈر بىر ئورغاق تۇتقان
ئىنسانئوغلىغا ئوخشايدىغان بىرسى ئولتۇراتتى. [15] ئىبادەتخانىدىن
باشقا بىر پەرىشتە چىقىپ، بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇچىغا يۇقىرى
ئاۋاز بىلەن:
ئورغىقىڭنى سال ۋە ئورۇشقا باشلا! چۈنكى ئورما ۋاقتى كەلدى، يەر
يۈزىدىكى زىرائەتلەر پىشىپ يېتىلدى، — دېدى.
[16] بۇلۇت ئۈستىدە ئولتۇرغۇچى ئورغىقىنى يەر يۈزىگە سالدى ۋە يەر
يۈزىدىكى زىرائەتلەر ئورۇلدى.
[17] ئەرشتە بولغان ئىبادەتخانىدىن يەنە بىر پەرىشتە چىقتى. ئۇنىڭمۇ
ئۆتكۈر بىر ئورغىقى بار ئىدى. [18] ئارقىدىنلا، ئوتنى باشقۇرىدىغان
يەنە بىر پەرىشتە قۇربانگاھدىن چىقىپ، ئۆتكۈر ئورغاق تۇتقان
پەرىشتىگە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:
ئۆتكۈر ئورغىقىڭنى سىلىپ، يەر يۈزىدىكى ئۈزۈم تېلىنىڭ
ساپاقلىرىنى يىغىۋال، چۈنكى ئۈزۈملىرى پىشىپ يېتىلدى، — دېدى.
[19] بۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئورغىقىنى يەر يۈزىگە سالدى ۋە يەردىكى
ئۈزۈم تېلىنىڭ مېۋىلىرىنى يىغىپ، خۇدانىڭ قەھرىنىڭ چوڭ
شاراب كۆلچىكىگە تاشلىدى. [20] شەھەرنىڭ سىرتىدىكى شاراب

14:14 **«ئىنسانئوغلىغا ئوخشايدىغان بىرسى»** — بىزنىڭچە، بۇ زات مەسىھ بولۇشى كېرەك. چۈنكى «يو.» 3:11-14دە «ئورما ئورىغۇچى»نىڭ خۇدانىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ.

**14:14** ئەز. 1:26؛ دان. 7:13؛ يو. 3:11-14؛ ۋەھ. 1:13.

15:14 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «يو.» 3:11-14.

**15:14** يو. 3:11-14؛ مات. 13:39.

18:14 **«ئوتنى باشقۇرىدىغان يەنە بىر پەرىشتە»** — بەلكىم ئەرشتىكى ئىبادەتخانىنىڭ قۇربانگاھىدىكى ئوتقا مەسئۇل بولغان پەرىشتە. **«يەر يۈزىدىكى ئۈزۈم تېلى...»** — ياكى «يەر يۈزىدىكى ئۈزۈمزار...».

19:14 **«يەردىكى ئۈزۈم تېلى»** — ياكى «يەردىكى ئۈزۈمزار».

**19:14** ۋەھ. 15:19.

كۆلچىكىدىكى ئۈزۈملەر دەسسىلىپ، شەربەتلىرى قان بولۇپ،
ئاتنىڭ تىزگىنىگە چىققىدىغان ئېگىزلىكتە ئۈچ يۈز چاقىرىم
يىراقلىققا ئاقتى.

## «يەتتە چىنە» ـ ئاخىرقى يەتتە بالايىئاپەت

15 [1] ئاسماندا زور ھەم كارامەتلىك يەنە بىر ئالامەتنى، يەنى
ئاخىرقى يەتتە بالايىئاپەتنى تۇتۇپ تۇرغان يەتتە پەرىشتىنى
كۆردۈم (ئاخىرقى بالايىئاپەت دېيىلىشتىكى سەۋەب، خۇدانىڭ
غەزىپى بۇلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ).

[2] مەن يەنە ئوت ئارىلاش ئەينەك دېڭىزىدەك بىر كۆرۈنۈشنى ھەم ئەينەك
دېڭىزنىڭ ئۈستىدە تۇرغان، دىۋە ۋە ئۇنىڭ بۇت-ھەيكىلى ۋە نامىنىڭ
رەقىمى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلەرنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا
خۇدا بەرگەن چىلتارلار بولۇپ، [3] ئۇلار خۇدانىڭ قۇل-خىزمەتكارى
بولغان مۇسانىڭ كۈيىنى ھەم قوزىنىڭ كۈيىنى ئېيتىشاتتى: —

«ئۇلۇغ ۋە كارامەت سېنىڭ قىلغانلىرىڭ،
ئى ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا،
يوللىرىڭ ئادىل ۋە ھەقتۇر،
ئى پۈتكۈل ئەللەرنىڭ پادىشاھى!

---

**20:14 «شەھەرنىڭ سىرتىدىكى شاراب كۆلچىكىدىكى ئۈزۈملەر دەسسىلىپ،...»** — «شەھەر» مۇشۇ يەردە بەلكىم يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ. **«ئۈچ يۈز چاقىرىم»** — گرېك تىلىدا «بىر مىڭ ئالتە يۈز ستادىيون». بىر ستادىيون 185 مېتر، 1600 ستادىيون 290 كىلومېتر. **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «يەش.» 63:1ـ6، «ۋەھ.» 19:13.

**20:14** يەش. 63:1-6؛ ۋەھ. 19:13

**1:15** ۋەھ. 14:11.

**2:15** ۋەھ. 6:4؛ مىك. 18:7.

**3:15** زەب. 2:111؛ 14:139؛ 17:145.

4 ئى پەرۋەردىگار، كىم سەندىن قورقمايدىغان،
نامىڭنى ئۇلۇغلىمايدىغان بولالىسۇن؟
چۈنكى بىردىنبىر مۇقەددەس ئۆزۈڭدۇرسەن؛
بارلىق ئەللەر ئالدىڭغا كېلىدۇ،
ساڭا سەجدە قىلىدۇ؛
چۈنكى ھەققانىي قىلغانلىرىڭ ئاشكارە بولدى».

5 بۇ ئىشلاردىن كېيىن، مەن كۆردۇمكى، مانا ئەرشتىكى ئىبادەتخانا،
يەنى ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى ئېچىلدى! 6 يەتتە بالايىئاپەتنى ئۆز
ئىلكىدە تۇتقان يەتتە پەرىشتە پاكىز، پارقىراپ تۇرىدىغان لىباس
كىيگەن، كۆكسىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان ھالدا ئىبادەتخانىدىن
چىقتى. 7 تۆت ھايات مەخلۇقنىڭ بىرى يەتتە پەرىشتىگە
ئەبەدىلئەبەد ياشايدىغان خۇدانىڭ قەھرى بىلەن تولغان يەتتە ئالتۇن
چىنىنى بەردى. 8 ئىبادەتخانا خۇدانىڭ شان-شەرىپى ۋە قۇدرىتىدىن
تۈتۈن بىلەن لىق تولدى. يەتتە پەرىشتىنىڭ يەتتە بالايىئاپىتى
ئاياغلاشمىغۇچە، ھېچكىم ئىبادەتخانىغا كىرەلمىدى.

---

4:15 **«چۈنكى ھەققانىي قىلغانلىرىڭ ئاشكارە بولدى»** ــ «ھەققانىي قىلغانلىرىڭ» ياكى «چۈنكى ھەققانىي ھۆكۈملىرىڭ ئاشكارە بولدى». **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يەر.» 10:7، «زەب.» 86:9-10.

**4:15** زەب. 86:10-9؛ يەر. 7:10.

5:15 **«ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى»** ــ تەۋرات دەۋرىدە ئىبادەت چېدىرى «ئەھدە ساندۇقى» ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئون پەرمان»نىڭ ماكانى بولغانىدى. بۇ «ئون پەرمان» خۇدانىڭ خاراكتېرى ۋە پەزىلەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولغاچ، چېدىر بەزىدە «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى» ياكى «ئەھدە-گۇۋاھلىق چېدىرى» دەپ ئاتالغانىدى. ئەرشتىكى «مۇقەددەس چېدىر» ئۇنىڭغا ئوخشاشلا خۇدانىڭ تەبىئىتى توغرۇلۇق ئالاھىدە گۇۋاھلىق بەرسە كېرەك.

**5:15** ۋەھ. 19:11.

**6:15** ۋەھ. 13:1.

8:15 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «مىس.» 40:34-36، «1پاد.» 8:11-12.

**8:15** مىس. 40:36-34؛ 1پاد. 8:12-10؛ يەش. 4:6.

## خۇدانىڭ قەھرى تولغان يەتتە چىنە

16 [1] شۇنىڭدىن كېيىن، ئىبادەتخانىدىن كۆتۈرۈلگەن يۇقىرى
بىر ئاۋازنىڭ يەتتە پەرىشتىگە: «بېرىڭلار، خۇدانىڭ قەھرى
تولغان يەتتە چىنىنى يەر يۈزىگە تۆكۈڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.
[2] بىرىنچىسى بېرىپ چىنىدىكىنى يەر-زېمىنغا تۆكتى. بۇنىڭ
بىلەن دېۋىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ۋە ئۇنىڭ بۇت-ھەيكىلىگە
چوقۇنغانلاردا بىرخىل يىرگىنچلىك ھەم ئازابلىق چاقا-جاھارەت
پەيدا بولدى.
[3] ئىككىنچىسى چىنىدىكىنى دېڭىزغا تۆكتى؛ دېڭىز سۈيى
ئۆلۈكنىڭ قېنىغا ئوخشاش قانغا ئايلاندى ۋە ئىچىدىكى پۈتۈن
جانلىقلار ئۆلدى.
[4] ئۈچىنچىسى چىنىدىكىنى دەريا ۋە بۇلاقلارنىڭ سۇلىرىغا
تۆكتى؛ ئۇلارنىڭ سۈيىمۇ قانغا ئايلاندى. [5] ئاندىن مەن سۇلارنىڭ
پەرىشتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ــ
«مۇشۇنداق ھۆكۈملەرنى چىقىرىشىڭدا ئادىل بولغانسەن،
ئى ھازىر بار بولغۇچى، بار بولغان مۇقەددەس بولغۇچى!
[6] مۇشۇ ئادەملەر مۇقەددەس بەندىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ قېنىنى
تۆككەنلىكى ۋەجىدىن،
سەن ئۇلارغا ئىچكىلى قان بەردىڭ. ئۇلار شۇنىڭغا لايىقتۇر».
[7] ئاندىن قۇربانگاھنىڭ جاۋابەن: ــ
«شۇنداق، ئى ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا،
ھۆكۈملىرىڭ ھەق ۋە ئادىلدۇر»
دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

---

**2:16** مىس. 11:9، 10، 9؛ ۋەھ. 17:13، 16، 14.

**3:16** مىس. 20:7.

**5:16** ۋەھ. 1:4، 8؛ 8:4؛ 17:11.

**6:16** مات. 34:23.

**7:16** ۋەھ. 3:15.

[8]تۆتىنچىسى چىنىدىكىنى قۇياشنىڭ ئۈستىگە تۆكتى؛ بۇنىڭ بىلەن
قۇياشقا ئىنسانلارنى ئوت بىلەن ئۆرتىگىلى قۇدرەت بېرىلدى.
[9]شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار دەھشەتلىك قىزىقتا ئۆرتەلدى؛ بىراق ئۇلار
ھېچ توۋا قىلمىدى ۋە بۇ بالايىئاپەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدانى
ئۇلۇغلاشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ نامىنى قارغاشتى.
[10]بەشىنچىسى چىنىدىكىنى دىۋىنىڭ تەختىگە تۆكتى؛ دىۋىنىڭ
پادىشاھلىقىنى قاراڭغۇلۇق باستى، كىشىلەر ئازابتىن تىللىرىنى
چىشلەشتى [11]ۋە ئاغرىق-ئازابى ۋە چاقا-جاراھەتلىرىنىڭ دەستىدىن
ئەرشتىكى خۇدانى كۇپۇرلۇق قىلىپ قارغىشىپ، قىلمىشلىرىغا ھېچ
توۋا قىلىشمىدى.
[12]ئالتىنچىسى چىنىدىكىنى ئۇلۇغ ئەفرات دەرياسىغا تۆكتى؛
شۇ ھامان كۈنچىقىشتىن كېلىدىغان پادىشاھلارنىڭ يولىنى
ھازىرلاشقا دەريانىڭ سۈيى قۇرىدى. [13]ئاندىن مەن ئەجدىھانىڭ،
دىۋىنىڭ ۋە ساختا پەيغەمبەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان پاقىغا
ئوخشايدىغان ئۈچ ناپاك روھنى كۆردۈم. [14]بۇلار مۆجىزىلىك
ئالامەتلەرنى كۆرسىتىدىغان جىنلارنىڭ روھلىرى بولۇپ، پۈتكۈل
يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارنى ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ دەھشەتلىك
كۈنىدىكى جەڭگە جەم قىلىشقا ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى
[15](«مانا، مەن ئوغرىدەك كېلىمەن! يالىڭاچ ماڭماسلىق، نومۇسى

8:16 **«بۇنىڭ بىلەن قۇياشقا ئىنسانلارنى ئوت بىلەن ئۆرتىگىلى قۇدرەت بېرىلدى»** — «ئوت بىلەن» — دېمەك، ئوتتەك قىزىقلىقى بىلەن. 9-ئايەتنى كۆرۈڭ.

**9:16** ۋەھ. 21:16، 11.

12:16 **«كۈنچىقىشتىن كېلىدىغان پادىشاھلارنىڭ يولىنى ھازىرلاشقا دەريانىڭ سۈيى قۇرىدى»** — «كۈنچىقىشتىن كېلىدىغان پادىشاھلار» — ھارماگېددوندا بولغان جەڭگە قاتنىششقا كېلىدىغان پادىشاھلار (16-ئايەتنى كۆرۈڭ). **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «يەر.» 46:10، 51:36، «ۋەھ.» 9:14.

**12:16** يەر. 46:10؛ 51:36؛ ۋەھ. 14:9

13:16 **«ساختا پەيغەمبەر»** — قوزىنىڭ قىياپىتىدە بولغان دىۋە (13:11-17).

**14:16** 2تېس. 9:2؛ ۋەھ. 13:13؛ 14:17؛ 20:19، 19؛ 8:20.

كۆرۈنمەسلىكى ئۈچۈن، كىيىملىرىنى چىڭ ساقلاپ، سەگەك تۇرغانلار
بەختلىكتۇر!»).
[16]ئەمدى ناپاك روھلار پادىشاھلارنى ئىبرانىيچە «ھارماگېددون»
دېيىلىدىغان يەرگە جەم قىلدى.
[17]يەتتىنچىسى چىنىدىكىنى ھاۋاغا تۆكتى؛ ئەرشتىكى
ئىبادەتخانىدىن، تەختتىن يۇقىرى بىر ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپ: «ئىش تامام
بولدى!» دېيىلدى.
[18]شۇئان چاقماقلار چېقىلدى، تۇرلۇك ئاۋازلار ۋە گۈلدۈرمامىلار
ئاڭلاندى ۋە دەھشەتلىك بىر يەر تەۋرەش يۈز بەردى؛ ئىنسانلار
يەر يۈزىدە ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى بۇنچىلىك دەھشەتلىك يەر
تەۋرەش ھېچ بولۇپ باقمىغانىدى. [19]كاتتا شەھەر ئۈچكە بۆلۈندى؛
ھەرقايسى ئەللەردىكى شەھەرلەرمۇ غۇلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن كاتتا
شەھەر بابىل خۇدانىڭ يادىغا كېچىپ ئۇنىڭ ئەشەددىي قەھرلىك
شارابى بىلەن تولغان قەدەھ ئۇنىڭغا بېرىلدى. [20]بارلىق ئاراللار
ئۆزىنى قاچۇرۇپ غايىب بولدى، تاغلارمۇ يوق بولدى؛ [21]ئىنسانلارنىڭ
ئۈستىگە ھەربىر دانىسى بىر تالانت ئېغىرلىقتا كېلىدىغان مۆلدۈر

---

15:16 **«مانا، مەن ئوغرىدەك كېلىمەن!»** ــ «ئوغرىنىڭ كېلىشى» بەلكىم كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز كېلىشىنى كۆرسەتسە كېرەك. **«مانا، مەن ئوغرىدەك كېلىمەن! يالىڭاچ ماڭماسلىق، نومۇسى كۆرۈنمەسلىكى ئۈچۈن، كىيىملىرىنى چىڭ ساقلاپ، سەگەك تۇرغانلار بەختلىكتۇر!»** ــ مۇشۇ سۆزلەرنى دېگۈچى مەسىھ ئۆزى. **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يو.» 14:3، «ھوش.» 5:1، 11.

**15:16** ھوش. 5-1:1؛ يو. 14:3؛ مات. 43:24؛ لۇقا 39:12؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 18:3، 3.

16:16 **«ئەمدى ناپاك روھلار پادىشاھلارنى... جەم قىلدى»** ــ گرېك تىلىدا «ئۇلار ئۇلارنى... جەم قىلدى». **«ھارماگېددون»** ــ «مەگىددو تېغى» دېگەن مەنىدە. ئىبرانىي تىلىدا توپتوغرا «ھار-مەگىددو» دېيىلىدۇ.

**17:16** ۋەھ. 6:21.

**18:16** ۋەھ. 5:4؛ 5:8.

19:16 **«كاتتا شەھەر ئۈچكە بۆلۈندى»** ــ «كاتتا شەھەر» بابىلدۇر (8:14، 10:18 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ).

**19:16** يەر. 15:25؛ ۋەھ. 10:14، 8؛ 5:18.

ئاسماندىن ياغدى. مۆلدۈر ئاپىتى شۇنداق دەھشەتلىك بولدىكى، ئادەملەر ئاپەتنىڭ دەستىدىن خۇدانى كۇپۇرلۇق قىلىپ قارغاشتى.

## چوڭ پاھىشە ئايال «بابىل»

17 [1] يەتتە چىنىنى بار يەتتە پەرىشتىنىڭ بىرى كېلىپ، ماڭا سۆزلەپ:
بۇ يەرگە كەل، نۇرغۇن سۇلار ئۈستىدە ئولتۇرغان چوڭ پاھىشە ئايالنىڭ
تارتىدىغان جازاسىنى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي. [2] يەر يۈزىدىكى
پادىشاھلار ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق ئۆتكۈزدى، يەر يۈزىدىكىلەر ئۇنىڭ
بۇزۇقلۇقىنىڭ شارابىدىن مەست بولۇشتى، ــ دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىشتە مېنى روھنىڭ ئىلكىدىكى ھالەتتە
بىر چۆلگە ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە يەتتە باشلىق، ئون مۈڭگۈزلۈك،
پۈتۈن ئەزايىنى كۇپۇرلۇق ناملىرى قاپلىغان بىر توق قىزىل دىۋىنىڭ
ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر ئايالنى كۆردۈم. [4] ئايال سۆسۈن ۋە توق قىزىل
كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئالتۇن، قىممەتلىك ياقۇت ۋە مەرۋايىتلار
بىلەن پەردازلانغانىدى. قولىدا يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىقلار ۋە
ئۆز بۇزۇقلۇقىنىڭ نىجاسەتلىرى بىلەن تولغان بىر ئالتۇن قەدەھ
بار ئىدى. [5] پېشانىسىگە بىر سىر ــ «كاتتا بابىل، پاھىشىلەرنىڭ
ۋە دۇنيادىكى پۈتكۈل يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىقلارنىڭ ئانىسى»

21:16 **«ئاسماندىن ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە ھەربىر دانىسى بىر تالانت ئېغىرلىقتا كېلىدىغان مۆلدۈر ياغدى»** ــ «بىر تالانت» 45 كىلو.

**21:16** ۋەھ. 19:11؛ 11:16؛ 9.

3:17 **«شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىشتە مېنى روھنىڭ ئىلكىدىكى ھالەتتەبىر چۆلگە ئېلىپ باردى»** ــ مۇشۇ جۈملىدىكى «روھ» ياكى ئۆز روھىنى ياكى مۇقەددەس روھنىمۇ كۆرسىتىشى كېرەك.

**3:17** ۋەھ. 1:13؛ 8:17.

**4:17** ۋەھ. 16:18.

دېگەن نام پۈتۈكلۈك ئىدى. [6]مەن ئايالنىڭ مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ
قېنى ۋە ئەيساغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ قېنى بىلەن مەست
بولغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنى كۆرۈپ تولىمۇ تەئەججۈپ قىلىپ ئىنتايىن
ھەيران قالدىم. [7]پەرىشتە ماڭا مۇنداق دېدى: ــ
«نېمىگە ھەيران قالدىڭ؟ ئايالنىڭ ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يەتتە
باشلىق، ئون مۈڭگۈزلۈك دىۋىنىڭ سىرىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي. [8]سەن
كۆرگەن دىۋە بىر زامانلاردا بار ئىدى، ھازىر يوق؛ ئۇزۇن ئۆتمەي تېگى
يوق ھاڭدىن چىقىپ، ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ. يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقانلار
ــ دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان ئىسىملىرى ھاياتلىق دەپتىرىگە
پۈتۈلمىگەن كىشىلەر دىۋىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ. چۈنكى
ئۇ بىر زامانلاردا بار ئىدى، ھازىر يوق، لېكىن يەنە پەيدا بولىدۇ. [9]مانا
بۇنى چۈشىنىشكە لازىم بولغان ھېكمەت: ــ يەتتە باش بولسا ئۇ ئايال
ئولتۇرغان يەتتە تاغقا، شۇنداقلا يەتتە پادىشاھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
[10]بۇلارنىڭ بەشى يىقىلغان، بىرسى بار، يەنە بىرى تېخى كەلمىدى.
ئۇ كەلگەندە پەقەت ئازلا ۋاقىت تۇرالايدۇ. [11]بۇرۇن بار بولغان، ئەمدى

---

5:17 **«پېشانىسىگە بىر سىر ــ «كاتتا بابىل، پاھىشىلەرنىڭ ۋە دۇنيادىكى پۈتكۈل يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىقلارنىڭ ئانىسى» دېگەن نام پۈتۈكلۈك ئىدى»** ــ «سىر» بولسا ئىنجىلدا ئەسلىدە يوشۇرۇن، خۇدا ئۆز بەندىلىرىگە ئاشكارە قىلغان بىر ئاجايىب ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ.

**5:17** 2تېس. 7:2.

6:17 **«ئەيساغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر»** ــ ياكى «ئەيسانىڭ گۇۋاھچىلىرى». بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن تارتىپ «گۇۋاھچى» دېگەن سۆز «خۇدانىڭ يولىدا قۇربان بولغۇچى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرەتتى. سەۋەبى، نۇرغۇنلىغان ئېتىقادچىلار گۇۋاھلىق بېرىش يولىدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىناتتى.

**6:17** ۋەھ. 24:18.

8:17 **«سەن كۆرگەن دىۋە بىر زامانلاردا بار ئىدى، ھازىر يوق؛ ئۇزۇن ئۆتمەي تېگى يوق ھاڭدىن چىقىپ، ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ... ئۇ بىر زامانلاردا بار ئىدى، ھازىر يوق، لېكىن يەنە پەيدا بولىدۇ»** ــ بۇ سىرلىق ئايەت، شۇنداقلا بۇ بابتا بېشارەت قىلىنغان باشقا ئىشلار ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز.

**8:17** مىس. 32:32؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 8:13.

**9:17** ۋەھ. 18:13، 1.

ھازىر يوق بولغان دىۋىنىڭ ئۆزى سەككىزىنچى پادىشاھدۇر، شۇنداقلا
ئۇ ھەم يەتتىسىدىن بىرى بولۇپ ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ.
12 سەن كۆرگەن ئون مۈڭگۈز ئون پادىشاھدۇر. ئۇلارنىڭ
پادىشاھلىقلىرى تېخى يوق، ئەمدى ئۇلارغا دىۋە بىلەن بىللە بىر
سائەتلىك پادىشاھلىق ھوقۇقى بېرىلىدۇ. 13 بۇ پادىشاھلار بىر ئوي،
بىر نىيەتتە بولۇپ ئۆز قۇدرىتى ۋە ھوقۇقلىرىنى دىۋىگە بېرىشىدۇ.
14 دىۋە ۋە پادىشاھلار بىرلىشىپ قوزىغا قارشى جەڭ قىلىدۇ. قوزا
ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ رەببلەرنىڭ رەببى،
پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغانلار بولسا
چاقىرىلغان، تاللانغان ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولغانلاردۇر».
15 پەرىشتە ماڭا يەنە:
پاھىشە ئايال ئۈستىدە ئولتۇرغان، سەن كۆرگەن سۇلار بولسا
مىللەتلەر، ئۆزئارا توپلاشقان نۇرغۇن كىشىلەر، ئەللەر ۋە ھەر خىل
تىللاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەردۇر. 16 سەن كۆرگەن ئون مۈڭگۈز
ۋە دىۋە بۇ پاھىشە ئايالدىن نەپرەتلىنىدۇ، ئۇنى تالان-تاراج قىلىپ
يالىڭاچلاپ قويىدۇ، ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ، ئۆزىنى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ.
17 چۈنكى خۇدا ئۆز سۆز-كالاملىرى ئەمەلگە ئاشقۇچە، ئاشۇ ئون

---

11:17 **«بۇرۇن بار بولغان، ئەمدى ھازىر يوق بولغان دىۋىنىڭ ئۆزى سەككىزىنچى پادىشاھدۇر، شۇنداقلا ئۇ ھەم يەتتىسىدىن بىرى بولۇپ ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ»** — بىز بۇ سىرلىق ئايەت ئۈستىدە «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە توختىلىمىز، ئەلۋەتتە.

12:17 **«سەن كۆرگەن ئون مۈڭگۈز ئون پادىشاھدۇر. ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقلىرى تېخى يوق، ئەمدى ئۇلارغا دىۋە بىلەن بىللە بىر سائەتلىك پادىشاھلىق ھوقۇقى بېرىلىدۇ»** — «دان.» 2:39-43، 7:23-26نى كۆرۈڭ.

**12:17** دان. 7:20؛ ۋەھ. 1:13.

**14:17** 1تىم. 6:15؛ ۋەھ. 14:16؛ 16:19.

15:17 **«ئۆزئارا توپلاشقان نۇرغۇن كىشىلەر...»** — مۇشۇ ئىبارە بولسا بەلكىم ئاخىرقى زامانلاردا (1) نۇرغۇن كىشىلەر ئىگە-چاقىسىز سەرسان يۈرىدىغانلىقى؛ ياكى (2) نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز دۆلىتى ئىچىدە بىر-بىرىگە ئۈيۈشۈپ سىياسىي مەقسەتتە گۇرۇھلاشقانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**15:17** يەش. 7:8.

**16:17** ۋەھ. 8:18.

پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ئۆز ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىپ، بىر قاراردا توختىشىپ پادىشاھلىق ھوقۇقىنى دىۋىگە بېرىش نىيىتىنى سالدى.
18 سەن كۆرگەن ئايال يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كاتتا شەھەردۇر، ــ دېدى.

## بابىلنىڭ گۇمران بولۇشى

18 1 ئۇ ئىشلاردىن كېيىن مەن چوڭ ھوقۇقلۇق يەنە بىر
پەرىشتىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يەر يۈزى
ئۇنىڭ جۇلالىلىقىدىن يورۇپ كەتتى.
2 پەرىشتە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق ۋارقىرىدى: ــ
«غۇلىدى! كاتتا شەھەر بابىل غۇلىدى!
ئەمدى ئۇ جىنلارنىڭ ماكانى، ھەربىر ناپاك روھلارنىڭ سولاقخانىسى،
ھەربىر مەكرۇھ ۋە يىرگىنچلىك قۇشلارنىڭ سولاق-چاڭگىسى
بولدى!
3 چۈنكى بارلىق ئەللەر ئۇنىڭ زىنا-بۇزۇقلۇقىنىڭ سەۋدالىق
شارابىدىن ئىچىشتى؛
يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق ئۆتكۈزۈشتى،
يەر يۈزىدىكى سودىگەرلەر ئۇنىڭ ئەيش-ئىشرىتىنىڭ
ئەلۋەكچىلىكىدىن بېيىشتى».

---

**18:17** «**..يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كاتتا شەھەر..**» ــ «كاتتا شەھەر» ــ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەككى، ئۇ بابىلنى كۆرسىتىدۇ (1-ئايەت).

**18:17** ۋەھ. 19:16.

**2:18** «**ھەربىر مەكرۇھ ۋە يىرگىنچلىك قۇشلارنىڭ سولاق-چاڭگىسى بولدى..**» ــ بەزى قەدىمكى كۆچۈرمىلەردە بۇ سۆزلەردىن كېيىن: «ۋە ھەربىر هارام ۋە يىرگىنچلىك هايۋاننىڭ سولاق-ئۆۋىسى بولدى» ــ دېگەن سۆزلەر قوشۇلىدۇ. «**مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر**» ــ «يەش.» 19:13-22، 22:14-23، 21:9، «يەر.» 50:34-40، 51:36-37.

**2:18** يەش. 13:19-22؛ 14:22-23؛ 21:9؛ 34:14، 11؛ يەر. 50:34-40؛ 51:8، 37-36؛ ۋەھ. 14:8.

**3:18** ۋەھ. 14:8؛ 17:2.

4 ئاسماندىن يەنە بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم: ــ
«ئى مېنىڭ خەلقىم، ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا شېرىك بولماسلىقىڭلار
ئۈچۈن،
ھەم ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرىماسلىقىڭلار
ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىڭلار!
5 چۈنكى ئۇنىڭ گۇناھلىرى پەلەككە يەتكۈدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن،
خۇدا ئۇنىڭ ھەققانىيەتسىزلىكلىرىنى ئېسىگە ئالدى.
6 ئۇ باشقىلارغا ياندۇرغىنىدەك ئۇنىڭ قىلغىنىنى ئۆزىگە ياندۇرۇڭلار؛
ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا مۇۋاپىق ئىككى ھەسسە قوشلاپ قايتۇرۇڭلار؛
ئۇ باشقىلارغا ئەبجەش قىلىپ بەرگەن قەدەھتە ئۇنىڭغا ئىككى
ھەسسە قويۇق ئەبجەش قىلىڭلار.
7 ئۇ ئۆزىنى قانچىلىك ئۇلۇغلىغان بولسا،
قانچىلىك ئەيش-ئىشرەتتە ياشىغان بولسا،
ئۇنىڭغا شۇنچىلىك قىيىنلىش ۋە دەرد بېرىڭلار؛
ئۇ كۆڭلىدە: «مەن تۇل ئەمەس، بەلكى تەختە ئولتۇرغان خانىشمەن؛
مەن دەرد-ئەلەمنى ئەسلا كۆرمەيمەن» دېگىنى تۈپەيلىدىن،
8 بۇ ۋەجىدىن بىر كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭغا چۈشىدىغان بالايىئاپەتلەر،
يەنى ئۆلۈم، دەرد-ئەلەم ۋە ئاچارچىلىق كېلىدۇ،
ئۇ ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ؛
چۈنكى ئۇنى سوراق قىلغۇچى پەرۋەردىگار خۇدا قۇدرەتلىكتۇر!».
9 ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەيش-ئىشرەتتە

---

**4:18 «مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يەش.» 11:52، «يەر.» 8:50، 6:51-8، 45 قاتارلىقلار.

**4:18** يار. 12:19؛ يەش. 20:48؛ 11:52؛ يەر. 8:50؛ 6-8:51، 45؛ 2كور. 17:6.

**5:18 «مۇناسىۋەتلىك ئايەت»** ــ «زەب.» 5:36.

**5:18** زەب. 5:36؛ ۋەھ. 19:16.

**6:18** ۋەھ. 10:14.

**7:18 «مۇناسىۋەتلىك ئايەت»** ــ «يەش.» 8:47.

**7:18** يەش. 8:47.

**8:18** 2تېس. 8:2؛ ۋەھ. 16:17.

ياشىغان يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ئۇنى ئۆرتىگەن ئوتنىڭ ئىس-
تۈتەكلىرىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ يىغا-زار كۆتۈرۈشىدۇ.
10 ئۇلار ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىدىن قورقۇپ، يىراقتا تۇرۇپ دەيدۇكى:
«ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت، ئى كاتتا شەھەر!
ئاھ بابىل، كۈچلۈك شەھەر!
چۈنكى بىر سائەت ئىچىدىلا جازايىڭ بېشىڭغا چۈشتى!»

11 يەر يۈزىدىكى سودىگەرلەرمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە يىغا-زار قىلىشىدۇ.
چۈنكى ئەمدى ئۇلارنىڭ كېمىدىكى يۈك-ماللىرىنى، 12 يەنى ئالتۇن-
كۈمۈش، قىممەتلىك ياقۇتلار، ئۈنچە-مەرۋايىت، نەپىس لىباس رەخت،
سۆسۈن رەخت، يىپەك، توق قىزىل رەڭلىك گەزمال، ھەرخىل خۇشبۇي
تۇرۇنج ياغاچلار، پىل چىشى بۇيۇملىرى، ئەڭ ئېسىل ياغاچ، تۇچ،
تۆمۈر ۋە مەرمەرلەردىن ئىشلەنگەن خىلمۇخىل بۇيۇملار، 13 شۇنىڭدەك
قوۋزاقدارچىن، تېتىتقۇلار، خۇشبۇي، مۇرمەككى، مەستىكى، شاراب،
زەيتۇن مېيى، ئاق ئۇن، بۇغداي، كالا، قوي، ئات، ھارۋا ۋە ئىنسانلارنىڭ
تەنلىرى ۋە جانلىرى دېگەن ماللىرىنى سېتىۋالىدىغان كىشى
يوقتۇر.
14 (ئى بابىل، جېنىڭ مەستانە بولغان ئېسىل مېۋىلەر سەندىن كەتتى،
بارلىق ھەشەمەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك مال-دۇنيالىرىڭ سەندىن
يوقالدى.

---

**9:18** ۋەھ. 2:17؛ 18:18، 3.

**10:18** يەش. 9:21؛ يەر. 1:51؛ ۋەھ. 8:14.

**12:18** **«توق قىزىل رەڭلىك گەزمال»** ــ ياكى «توق قىزىل بوياق».

**13:18** **«ئىنسانلارنىڭ تەنلىرى ۋە جانلىرى دېگەن ماللىرى»** ــ «ئىنسانلارنىڭ تەنلىرى ۋە جانلىرى» دېگەن ئىبارە بەلكىم قۇللارنىڭ ھالىتىنى ياكى بۇ بايلارنىڭ مال-مۈلكىنىڭ كۆپ كىشىلەرنىڭ جانلىرىنىڭ بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. قۇللۇق ئادەملەرنىڭ تەنلىرىنى ھالاك قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ جان-ھاياتىنىڭ ھەرقانداق ئەھمىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

**13:18** ئەز. 13:27.

**ئۇلار بۇلارنى ئەمدى ھەرگىز تاپالمايدۇ!)**
**[15] بۇ ماللارنى سېتىپ بېيىغان سودىگەرلەر بولسا شەھەرنىڭ**
**تارتىۋاتقان ئازابىدىن قورقۇپ، يىراقتا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە يىغا-**
**زار قىلىشىپ دېيىشىدۇكى: ــ**
**[16] «ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت، ئى كاتتا شەھەر!**
**نەپىس لىباس رەختلەرگە، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك گەزماللارغا ئورىلىپ،**
**ئالتۇن، قىممەتلىك ياقۇتلار ۋە ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەنسەن!**
**[17] بىر سائەت ئىچىدىلا شۇنچە كاتتا بايلىقلار ۋەيران بولدى!»**
**بارلىق كېمە خوجايىنلىرى، كېمىدىكى بارلىق يولۇچىلار، كېمىچىلەر**
**ۋە دېڭىزغا تايىنىپ جان باقىدىغانلارنىڭ ھەممىسى يىراقتا**
**تۇرۇپ، [18] ئۇنى ئۆرتىگەن ئوتنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىنى كۆرۈپ:**
**بۇ كاتتا شەھەرگە قايسى شەھەر تەڭ كېلەلىسۇن؟ ــ دەپ پەرياد كۆت**
**ۈرۈشتى. [19] ئۇلار باشلىرىغا توپا چېچىپ، پەرياد كۆتۈرۈشۈپ، يىغا-زار**
**قىلىشىپ:**
**ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت، ئۇ كاتتا شەھەر!**
**ئۇ ئارقىلىق، ئۇنىڭ دۆلىتىدىن، دېڭىزدا كېمىسى بارلار بېيىغانىدى!**
**بىر سائەت ئىچىدىلا ۋەيران بولدى بۇ شەھەر! ــ دېيىشىدۇ.**
**[20] ــ «ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەنلەردىن شادلىنىڭلار،**
**ئەي ئەرش، ئەي مۇقەددەس بەندىلەر، روسۇللار ۋە پەيغەمبەرلەر!**
**چۈنكى خۇدا سىلەرنىڭ دەۋايىڭلاردىكى ھۆكۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن**
**چىقارغان!».**

---

**14:18 «جېنىڭ مەستانە بولغان ئېسىل مېۋىلەر سەندىن كەتتى»** ــ «ئېسىل (پىشقان) مېۋىلەر» مۇشۇ يەردە بەلكىم كۆچمە مەنىدە بولۇپ، ھەرخىل ئېسىل نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**16:18** ۋەھ. 4:17.

**18:18** يەش. 10:34؛ ۋەھ. 4:13؛ 9:18.

**20:18** ۋەھ. 2:19.

21 ئاندىن، كۈچلۈك بىر پەرىشتە تۈگمەن تېشىغا ئوخشاش يوغان بىر
تاشنى كۆتۈرۈپ، دېڭىزغا تاشلاپ مۇنداق دېدى: ــ
«مانا شۇنداق شىددەت بىلەن،
كاتتا شەھەر بابىل غۇلىتىلىدۇ،
ئۇ قايتىدىن كۆرۈنمەيدۇ!
22 چىلتارچىلارنىڭ، سازچىلارنىڭ،
نەيچىلەر ۋە سۇنايچىلارنىڭ ئاۋازى سېنىڭدە قايتىدىن ھەرگىز
ئاڭلانمايدۇ،
ھەرخىل ھۈنەرنى قىلىدىغان ھۈنەرۋەن سېنىڭدە قايتىدىن ھەرگىز
تېپىلمايدۇ،
تۈگمەنىنىڭمۇ ئاۋازى سېنىڭدە قايتىدىن ھەرگىز ئاڭلانمايدۇ،
23 ھەتتا چىراغنىڭ يورۇقى سېنىڭدە قايتىدىن ھەرگىز يورۇمايدۇ،
توي بولۇۋاتقان يىگىت-قىزنىڭ ئاۋازى سېنىڭدە قايتىدىن ھەرگىز
ئاڭلانمايدۇ؛
چۈنكى سېنىڭ سودىگەرلىرىڭ يەر يۈزىدىكى ئەربابلار بولۇپ چىقتى،
بارلىق ئەللەر سېنىڭ سېھىر-ئەپسۇنلىرىڭغا ئالداندى؛
24 پەيغەمبەرلەرنىڭ، مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ تۆكۈلگەن قانلىرى،
شۇنداقلا يەر يۈزىدە بارلىق قىرغىن بولغانلارنىڭ قانلىرىمۇ ئۇنىڭدا
تېپىلدى».

---

**21:18** **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «مىس.» 5:15، «يەر.» 51:63-64.

**21:18** مىس. 15:5؛ يەر. 51:63-64.

**22:18** **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يەش.» 24:8-9، «يەر.» 7:34، 16:9-10، 25:10،
«ئەز.» 26:13.

**22:18** يەش. 24:8-9؛ يەر.7:34؛ 16:9-10؛ 25:10؛ ئەز. 26:13.

**23:18** يەر. 7:34؛ 16:9؛ 25:10.

**24:18** ۋەھ. 17:6.

## ئەرشتىكى ھەمدۇسانالار

19 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئەرشتە زور بىر توپ ئادەملەرنىڭ
ۋارقىراشلىرىدەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. ئۇلار: ــ
ھەمدۇسانا!نىجات، شان-شەرەپ ۋە قۇدرەت خۇدايىمىزغا مەنسۇپتۇر!
[2] چۈنكى ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ھەق ۋە ئادىلدۇر؛
ئۇ يەر يۈزىنى ئۆز بۇزۇقلۇقى بىلەن بۇزغان چوڭ پاھىشىنىڭ
ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ،
ئۆز قۇل-خىزمەتكارلىرىنىڭ قېنىنىڭ ئىنتىقامىنى ئۇنىڭدىن ئالدى،
دېيىشەتتى.
[3] ئۇلار ئىككىنچى قېتىم: ــ «ھەمدۇسانا!» دېيىشتى. ئۇنىڭدىن
چىققان ئىس-تۈتەكلەر ئەبەدىلئەبەدگىچە پۇرقىرايدۇ!
[4] يىگىرمە تۆت ئاقساقال ۋە تۆت ھايات مەخلۇق يەرگە يىقىلىپ:
ــ «ئامىن! ھەمدۇسانا!» دەپ، تەختتە ئولتۇرغان خۇداغا سەجدە
قىلىشتى.

## قوزىنىڭ توي زىياپىتى

[5] ئاندىن تەختتىن كۆتۈرۈلگەن بىر ئاۋاز مۇنداق دېدى: ــ
«ئەي ئۇنىڭ بارلىق قۇل-خىزمەتكارلىرى،
ئۇنىڭدىن قورقىدىغان كاتتىلار بولسۇن، تۆۋەنلەر بولسۇن،
ھەممىڭلار خۇدايىمىزنى مەدھىيىلەڭلار!»

---

1:19 **«ھەمدۇسانا»** ــ گرېك تىل ۋە ئىبرانىي تىلدا «خاللېلۇياھ!» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەنىسى ««ياھ»قا مەدھىيە بولغاي!». ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «ياھ» «ياھۋەھ» (پەرۋەردىگار)نىڭ قىسقارتىلغان شەكلىدۇر.

2:19 **«ئۆز قۇل-خىزمەتكارلىرىنىڭ قېنىنىڭ ئىنتىقامىنى ئۇنىڭدىن ئالدى»** ــ گرېك تىلدا «ئۆز قۇل-خىزمەتكارلىرىنىڭ قېنىنىڭ ئىنتىقامىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى». **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «زەب.» 9:19، «قان.» 43:32.

**2:19** قان. 43:32؛ زەب. 9:19؛ ۋەھ. 3:15؛ 7:16؛ 20:18.

3:19 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يەش.» 10:34.

**3:19** يەش. 10:34؛ ۋەھ. 11:14؛ 18:18.

6ئاندىن زور بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئاۋازىغا، نۇرغۇن سۇلارنىڭ
شارقىرىشىغا، قاتتىق گۈلدۈرمامىلارنىڭ گۈلدۈرلىشىگە ئوخشاش
بىر ئاۋازنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ــ
«ھەمدۇسانا! ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدايىمىز سەلتەنەت
قىلدى!
7شادلىنايلى، تەنتەنە قىلايلى ۋە ئۇنى مەدھىيىلەپ ئۇلۇغلايلى!
چۈنكى قوزىنىڭ توي-مەرىكە كۈنى يېتىپ كەلدى،
قىز ئۆزىنى تەييار قىلدى!»
8قىزغا كىيىش ئۈچۈن پاكىز، پارقىراپ تۇرىدىغان نەپىس لىباس
بېرىلدى (نەپىس لىباس بولسا مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ ھەققانىي
ئەمەللىرىدۇر).
9ئاندىن، پەرىشتە ماڭا:
مۇنۇ سۆزلەرنى خاتىرىلىۋال: ــ
«قوزىنىڭ توي زىياپىتىگە چاقىرىلغانلار بەختلىكتۇر!» ــ دېدى.
ئۇ ماڭا يەنە: ــ بۇلار خۇدانىڭ ھەقىقىي سۆزلىرىدۇر، ــ دېدى.

**6:19** ۋەھ. 17:11.
**7:19** مات. 2:22؛ لۇقا 16:14.
9:19 **«ئاندىن پەرىشتە ماڭا ... دېدى»** ــ گرېك تىلىدا «ئاندىن ئۇ ماڭا ... دېدى» دېيىلىدۇ. سۆزلىگۈچى چوقوم پەرىشتە بولىدۇ؛ 10-ئايەتنى كۆرۈڭ.
**9:19** ۋەھ. 5:21.

[10] مەن ئۇنىڭغا سەجدە قىلغىلى ئايىغىغا يىقىلدىم. لېكىن ئۇ:
ھەرگىز ئۇنداق قىلما! مەنمۇ خۇدانىڭ سەن ۋە ئەيساغا گۇۋاھلىق
بەرگۈچى قېرىنداشلىرىڭ بىلەن ئوخشاش قۇل-خىزمەتكارمەن.
خۇداغىلا ئىبادەت قىل! چۈنكى ۋەھىي-بېشارەتنىڭ روھ-ماھىيىتى
بولسا ئەيسا ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىشتۇر، ــ دېدى.

## ئاق ئاتتىقا مىنگۈچى

[11] ئاندىن كۆردۈمكى، ئاسمان ئېچىلدى ۋە مانا، بىر ئاق ئات تۇراتتى؛
ئۈستىگە مىنگۈچىنىڭ بولسا نامى «سادىق» ۋە «ھەقىقىي» بولۇپ،
ئۇ ھەققانىيلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە جەڭ قىلىدۇ. [12] ئۇنىڭ
كۆزلىرى ئوت يالقۇنىغا ئوخشايتتى، بېشىدا نۇرغۇن تاجى بولۇپ،
تېنىدە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر نام پۈتۈكلۈك
ئىدى. [13] ئۇ ئۇچىسىغا قانغا مىلەنگەن بىر تون كىيگەنىدى، ئۇنىڭ
نامى «خۇدانىڭ كالامى» دەپ ئاتىلىدۇ. [14] ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ
كېلىۋاتقان ئەرشتىكى قوشۇنلار بولسا، ئاق ئاتلارغا مىنگەن،
ئاپئاق، پاك نەپىس كاناپ لىباس بىلەن كىيدۈرۈلگەنىدى. [15] ئۇنىڭ
ئاغزىدىن ئۆتكۈر بىر قىلىچ چىقىپ تۇراتتى؛ ئۇ بۇنىڭ بىلەن
بارلىق ئەللەرنى ئۇرىدۇ؛ ئۇ ئۇلارنى تۆمۈر كالتەك بىلەن پادىچىدەك

---

10:19 **«ئەيساغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى قېرىنداشلىرىڭ...»** ــ گرېك تىلىدا «ئەيسانىڭ گۇۋاھلىقىنى تۇتقانئە قېرىنداشلىرىڭ...». **«ۋەھىي-بېشارەتنىڭ روھ-ماھىيىتى بولسا ئەيسا ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىشتۇر»** ــ بۇ، ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپتۇر. دېمەك، پۈتكۈل تەۋرات-ئىنجىلدىكى ۋەھىي-بېشارەتلەر ۋە خۇدانىڭ گاھى ۋاقىتلاردا ئۇلاردىن باشقا جامائەتلەردە يۈرگۈزگەن ۋەھىي-بېشارەتلەرنىڭ مېغىزى ۋە جەۋھىرى بولسا «ئەيسا ھەققىدە گۇۋاھلىق (بېرىش)»تۇر. مەلۇم بىر «ۋەھىي-بېشارەت»تە شۇنداق ئامىل ياكى نەتىجە بولمىسا، ئۇنىڭ ھەقىقىي بىر«ۋەھىي-بېشارەت» ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

**10:19** روس. 26:10؛ 14:14؛ ۋەھ. 9:22.

**11:19** ۋەھ. 2:6.

**12:19** ۋەھ. 14:1.

**13:19** يەش. 1:63؛ يـۇھ. 1:1.

**14:19** مات. 3:28؛ ۋەھ. 4:4؛ 9:7.

باقىدۇ؛ ئۇ ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ دەھشەتلىك غەزىپىنىڭ «شاراب
كۆلچىكى»نىڭ چەيلىگۈچىسىدۇر.
[16] ئۇنىڭ تونى ۋە يوتىسى ئۈستىگە «پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ۋە
رەبلەرنىڭ رەببى» دېگەن نام يېزىلغانىدى.
[17] ئاندىن مەن قۇياشنىڭ ئىچىدە تۇرغان بىر پەرىشتىنى كۆردۈم. ئۇ
ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇۋاتقان بارلىق قۇشلارغا يۇقىرى ئاۋاز
بىلەن:
كېلىڭلار، خۇدانىڭ كاتتا زىياپىتىگە يىغىلىڭلار! [18] پادىشاھلارنىڭ،
سەردارلارنىڭ ۋە پالۋانلارنىڭ، ئاتلارنىڭ ۋە ئۇلارغا مىنگەنلەرنىڭ،
شۇنداقلا بارلىق ئەت ئىگىلىرىنىڭ، قۇللارنىڭ ھەم ھۆرلەرنىڭ،
كاتتىلارنىڭ ھەم تۆۋەنلەرنىڭ گۆشلىرىنى يەڭلار! ــ دېدى.
[19] شۇنىڭ بىلەن مەن دىۋە، يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ
قوشۇنلىرىنىڭ ئاتقا مىنگۈچى ھەم ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن
جەڭ قىلىش ئۈچۈن توپلانغانلىقىنى كۆردۈم. [20] ئەمدى دىۋە ۋە
ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنى كۆرسەتكەن ساختا
پەيغەمبەرنىڭ ھەر ئىككىسى تۇتۇۋېلىندى. (ساختا پەيغەمبەر
شۇ ئالامەتلەر بىلەن دىۋىنىڭ تامغىسىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە
ئۇنىڭ بۇت-ھەيكىلىگە چوقۇنغانلارنى ئازدۇرۇپ يۈرگەنىدى). ئۇلار
ئىككىسى گۈڭگۈرت يېنىۋاتقان ئوت كۆلىگە تىرىك تاشلاندى.
[21] قالغىنى بولسا ئاتقا مىنگۈچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان قىلىچ بىلەن
قىرىلدى. بارلىق پۈتۈن ئۇچار-قاناتلار بۇلارنىڭ گۆشى بىلەن يەپ
تويۇندى.

---

**15:19** **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يەش.» 63-باب.

**15:19** زەب. 9:2؛ يەش. 3:63؛ ۋەھ. 16:2، 27؛ 20:14، 19؛ 21:19.

**16:19** 1تىم. 15:6؛ ۋەھ. 14:17.

**17:19** يەر. 9:12؛ ئەز. 17:39.

**18:19** **«پالۋانلارنىڭ..»** ــ ياكى «قۇدرەتلىكلەرنىڭ...».

**20:19** قان. 2:13؛ دان. 11:7؛ مات. 24:24؛ ۋەھ. 16:13، 15، 13، 12؛ 14:16؛ 10:20.

## مەسىھنىڭ يەر يۈزىدىكى مىڭ يىللىق سەلتەنىتى

20 [1] ئۈنىڭدىن كېيىن، قولىدا تېگى يوق ھاڭنىڭ ئاچقۇچى
ۋە يوغان زەنجىر تۇتقان بىر پەرىشتىنىڭ ئاسماندىن
چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. [2] پەرىشتە ئەجدىھانى، يەنى ئىبلىس
ياكى شەيتان دېيىلىدىغان ھېلىقى قەدىمىي يىلاننى تۇتۇپ، مىڭ
يىللىق زەنجىرلەپ قويدى. [3] ئۇنىڭ مىڭ يىل توشقۇچە ئەللەرنى
ئازدۇرماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تېگى يوق ھاڭغا تاشلاپ ھاڭنىڭ
ئاغزىنى ئېتىپ پېچەتلىۋەتتى. بۇ ۋاقىتلاردىن كېيىن، ئۇ ۋاقىتىنچە
قويۇپ بېرىلىشى مۇقەررەر.
[4] ئاندىن مەن تەختلەرنى ۋە ئۇلاردا ئولتۇرغانلارنى كۆردۈم. ئۇلارغا
ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى. مەن يەنە، ئەيساغا بەرگەن
گۇۋاھلىقى ۋەجىدىن ۋە خۇدانىڭ سۆز-كالامى ۋەجىدىن كاللىسى
ئېلىنغانلارنىڭ جانلىرىنىمۇ كۆردۈم. ئۇلار دېۋىگە ۋە ئۇنىڭ بۇت-
ھەيكىلىگە چوقۇنمىغان، ئۇنىڭ تامغىسى پېشانىسىگە ۋە قولىغا
ئۇرۇلمىغانلار ئىدى. ئۇلار تىرىلىپ، مەسىھ بىلەن بىرلىكتە مىڭ يىل
ھۆكۈم سۈردى [5] (ئۆلگەنلەرنىڭ قالغانلىرى مىڭ يىل توشمىغۇچە
تىرىلمەيدۇ). بۇ دەسلەپكى تىرىلىش ئىدى.
[6] دەسلەپكى تىرىلىشتىن نېسىۋە بولغانلار بەختلىك ۋە مۇقەددەستۇر؛
ئىككىنچى ئۆلۈمنىڭ بۇلارنى ئىلكىگە ئېلىش ھوقۇقى يوقتۇر. ئۇلار
خۇدانىڭ ۋە مەسىھنىڭ كاھىنلىرى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە
مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرىدۇ.

---

**1:20** ۋەھ. 18:1.

**2:20** 2پېت. 4:2؛ ۋەھ. 9:12.

**3:20** ۋەھ. 16:16، 14؛ 8:20.

**4:20** **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «زەب.» 149:4-9، «1كور.» 2:6-3.

**4:20** زەب. 149:4-9؛ 1كور. 2:6-3؛ ۋەھ. 9:6، 11؛ 16:13، 15، 12.

**6:20** يەش. 61:6؛ 1پېت. 9:2؛ ۋەھ. 6:1؛ 10:5.

## شەيتاننىڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيىتى

[7] مىڭ يىل توشقاندا، شەيتان زىنداندىن بوشىتىلىپ، [8] يەر يۈزىنىڭ
تۆت بۇلۇڭىدىكى ئەللەرنى، يەنى گوگ ۋە ماگوگنى ئازدۇرۇش ۋە ئۇلارنى
جەڭ قىلىشقا بىر يەرگە توپلاشقا چىقىدۇ. توپلانغانلارنىڭ سانى
دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك ساناقسىز بولىدۇ. [9] ئۇلار يەر يۈزىدىكى
كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقىپ، مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ بارگاھىنى، يەنى
خۇدا سۆيىدىغان شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. لېكىن ئاسماندىن
ئوت يېغىپ، ئۇلارنى يوتۇۋېتىدۇ. [10] ئۇلارنى ئازدۇرغان ئىبلىس بولسا
دىۋە بىلەن ساختا پەيغەمبەر كۆيۈۋاتقان ئوت ۋە گۈڭگۈرت كۆلىگە
تاشلىنىپ، ئۇ يەردە كېچە-كۈندۈز ئەبەدىلئەبەدگىچە قىينىلىدۇ.

## چوڭ ئاق تەخت ـ ئاخىرقى ھۆكۈم

[11] ئۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ بىر ئاق تەخت ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرغۇچىنى
كۆردۈم. ئاسمان بىلەن زېمىن ئۇنىڭ يۈزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇلار
تۇرغان جاي ھەرگىز تېپىلمايدۇ. [12] مەن يەنە كاتتا بولسۇن، ياكى
تۆۋەن بولسۇن، ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەختنىڭ ئالدىدا
تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. كىتابلار ئېچىلدى؛ ئاندىن يەنە بىر كىتاب ــ

---

8:20 **«... يەر يۈزىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى ئەللەرنى، يەنى گوگ ۋە ماگوگنى ئازدۇرۇش ۋە ئۇلارنى جەڭ قىلىشقا بىر يەرگە توپلاشقا چىقىدۇ»** ــ «گوگ ۋە ماگوگ» توغرۇلۇق: گوگ بەلكىم «ماگوگ»نىڭ بېشى بولۇشى مۇمكىن («ئەز.» 2:38-3نى كۆرۈڭ). شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى «يەجۇج-مەجۇج» دېگەن ئىسىم ئىبرانيي تىلىدىكى بۇ ئىسىملاردىن چىققاندى؛ لېكىن «گوگ ۋە ماگوگ» يالماۋۇزدەك بىرخىل مەخلۇق ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. «ئەز.» 38:1ـ29:39دە، خۇدانىڭ «گوگ ۋە ماگوگ» بىلەن بولغان ئۇرۇشى بېشارەت قىلىنغان. بىراق بىزنىڭچە ئۇ ئۇرۇش «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» بىلەن باغلىق بولىدۇ؛ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدا بولىدىغان، مۇشۇ ئايەتلەردە ئايان قىلىنغان «ئاخىرقى ئۇرۇش» ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇ ئەمەس.

**8:20** ئەز. 2:38؛ 1:39؛ ۋەھ. 14:16.

9:20 **«ئۇلار يەر يۈزىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقىپ...»** ــ ياكى «ئۇلار زېمىن (دېمەك قانائان، پەلەستىن)دىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقىپ...» ياكى «ئۇلار پۈتۈن يەر يۈزىنى كېزىپ...».

**10:20** دان. 11:7؛ ۋەھ. 10:14؛ 20:19.

«ھاياتلىق دەپتىرى» دەپ ئاتالغان كىتاب ئېچىلدى. ئۆلگەنلەرگە
كىتابلاردا خاتىرىلەنگىنى بويىچە ئۆز ئەمەلىيىتىگە قاراپ ھۆكۈم
قىلىندى. 13 دېڭىز ئۆزىدە ئۆلگەنلەرنى تاپشۇرۇپ بەردى، ئۆلۈم
ۋە تەھتىسارامۇ ئۆزلىرىدىكى ئۆلگەنلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشتى.
ھەركىمنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئەمەلىيىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىندى.
14 ئاندىن ئۆلۈم ۋە تەھتىسارا ئوت كۆلىگە تاشلاندى. مانا ئىككىنچى
ئۆلۈم ــ ئوت كۆلىدۇر. 15 كىمنىڭ ئىسمىنىڭ «ھاياتلىق دەپتىرى»دە
پۈتۈلمىگەنلىكى بايقالسا، ئوت كۆلىگە تاشلاندى.

## يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن

21 1 ئاندىن، يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىننى كۆردۈم؛ چۈنكى
بۇرۇنقى ئاسمان ۋە زېمىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى، دېڭىزمۇ
مەۋجۇت بولمىدى. 2 مۇقەددەس شەھەرنىڭ، يەنى خۇدادىن چىققان،
خۇددى ئۆز يىگىتىگە توي پەردازلىرىنى قىلىپ هازىرلانغان قىزدەك
يېڭى يېرۇسالېمنىڭ ئەرشتىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. 3 ئەرشتىن
يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىر ئاۋازنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:
«مانا، خۇدانىڭ ماكانى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىدۇر؛ ئۇ ئۇلار بىلەن
بىللە ماكانلىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ خەلقى بولىدۇ. خۇدا ئۆزىمۇ
ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىدۇ. 4 ئۇ ئۇلارنىڭ
كۆزلىرىدىكى ھەر تامچە ياشنى سۈرتىدۇ؛ ئەمدى ئۆلۈم ئەسلا
بولمايدۇ، نە ماتەم، نە يىغا-زار، نە قايغۇ-ئەلەم بولمايدۇ، چۈنكى

---

**12:20** مىس. 32:32؛ زەب. 12:62؛ 28:69؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 23:2؛ 5:3.

**1:21** يەش. 17:65؛ 22:66؛ 2پېت. 13:3.

**2:21** ۋەھ. 12:3؛ 10:21.

3:21 **«شەرشتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىر ئاۋاز»** ــ بەزى كونا كۆچۈرۈلمىلەردە: «تەختتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىر ئاۋاز» دېيىلىدۇ. **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يەش.» 14:7، «يەر.» 7:24، 33:31، «زەك.» 8:8.

**3:21** يەش. 14:7؛ يەر. 24:7؛ 33:31؛ ئەز. 7:43؛ زەك. 8:8

بۇرۇنقى ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى».
5 تەختتە ئولتۇرغۇچى:
مانا، ھەممىنى يېڭى قىلىمەن! ــ دېدى. ئۇ ماڭا يەنە:
بۇلارنى خاتىرىلىۋال! چۈنكى بۇ سۆزلەر ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىكتۇر،
ــ دېدى. 6 ئۇ يەنە ماڭا مۇنداق دېدى: ــ
«ئىش تامام بولدى! مەن «ئالفا» ۋە «ئومېگا»دۇرمەن، مۇقەددىمە
ۋە خاتىمە ئۆزۈمدۇرمەن. ئۇسسىغان ھەركىمگە ھاياتلىق سۈيىنىڭ
بۇلىقىدىن ھەقسىز بېرىمەن.
7 غەلىبە قىلغۇچى ھەركىم بۇلارغا مىراسخورلۇق قىلىدۇ؛ مەن ئۇنىڭ
خۇداسى بولىمەن، ئۇمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ. 8 لېكىن قورقۇنچاقلار،
ئېتىقادسىزلار، يىرگىنچلىكلەر، قاتىللار، بۇزۇقلۇق قىلغۇچىلار،
سېھىرگەرلەر، بۇتپەرەسلەر ۋە بارلىق يالغانچىلارغا بولسا، ئۇلارنىڭ
قىسمىتى ئوت بىلەن گۈڭگۈرت يېنىپ تۇرىۋاتقان كۆلدۇر ــ بۇ بولسا
ئىككىنچى ئۆلۈمدۇر».

## يېڭى يېرۇسالېم

9 ئاخىرقى يەتتە بالايىئاپەت بىلەن تولغان يەتتە چىنىنى تۇتقان يەتتە
پەرىشتىدىن بىرى كېلىپ، ماڭا سۆزلەپ:
كەل! ساڭا قوزىنىڭ جورىسى بولىدىغان قىزنى كۆرسىتىپ قوياي، ــ
دېدى.

---

4:21 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەت»** ــ «يەش.» 8:25.

**4:21** يەش. 8:25؛ ۋەھ. 17:7.

**5:21** يەش. 19:43؛ 2كور. 17:5؛ ۋەھ. 2:4؛ 9:19؛ 11:20.

6:21 **«مەن «ئالفا» ۋە «ئومېگا»دۇرمەن»** ــ گرېك تىلىدا «ئالفا» بىرىنچى ھەرپ، «ئومېگا» ئاخىرقى ھەرپتۇر ــ دېمەك، خۇدا باش ۋە ئاخىردۇر.

**6:21** يەش. 4:41؛ 6:44؛ 1:55؛ ۋەھ. 8:1؛ 17:16؛ 13:22.

**7:21** زەك. 8:8؛ ئىبر. 10:8.

**8:21** ۋەھ. 15:20، 14؛ 15:22.

**9:21** ۋەھ. 6:15، 7.

10 ئاندىن ئۇ مېنى روھنىڭ ئىلكىدە بولغان ھالدا يوغان ۋە ئېگىز
بىر تاغقا ئېلىپ قويدى. ئۇ يەردىن ماڭا خۇدادىن چىققان مۇقەددەس
شەھەر يېرۇسالېمنىڭ ئەرشتىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.
11 ئۇنىڭدا خۇدانىڭ شان-شەرىپى بار ئىدى، ئۇنىڭ جۇلاسى ئىنتايىن
قىممەتلىك گۆھەرنىڭ، يېشىل ياقۇتتەك يالتىرىغان خرۇستالنىڭ
جۇلاسىغا ئوخشايتتى. 12 ئۇنىڭ چوڭ ھەم ئېگىز سېپىلى بار ئىدى؛
سېپىلنىڭ ئون ئىككى دەرۋازىسى بولۇپ، دەرۋازىلاردا ئون ئىككى
پەرىشتە تۇراتتى. ھەربىر دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە ئىسرائىللارنىڭ ئون
ئىككى قەبىلىسىدىن بىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. 13 مەشرىق
تەرىپىدە ئۈچ دەرۋازا، شىمال تەرىپىدە ئۈچ دەرۋازا، جەنۇب تەرىپىدە
ئۈچ دەرۋازا ۋە مەغرىب تەرىپىدە ئۈچ دەرۋازا بار ئىدى. 14 شەھەرنىڭ
سېپىلىنىڭ ئون ئىككى ئۇل تېشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئون
ئىككى ئىسىم، يەنى قوزىنىڭ روسۇلىنىڭ ئىسىملىرى پۈتۈكلۈكتۇر.
15 ماڭا سۆز قىلغان پەرىشتىنىڭ قولىدا شەھەرنى، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى
ۋە ئۇنىڭ سېپىلىنى ئۆلچەيدىغان ئالتۇن قومۇش ئۆلچىگۈچ ھاسا بار
ئىدى. 16 شەھەر تۆت چاسا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى ئوخشاش
ئىدى. پەرىشتە شەھەرنى ھاسا بىلەن ئۆلچىدى ــ ئون ئىككى مىڭ
ستادىيون كەلدى (ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى تەڭدۇر).
17 ئۇ سېپىلنىمۇ ئۆلچىدى. سېپىلنىڭ قېلىنلىقى ئىنسانلارنىڭ
ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە، يەنى شۇ پەرىشتىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە
بىر يۈز قىرىق تۆت جەينەك كەلدى. 18 سېپىلنىڭ قۇرۇلۇشى بولسا

---

**10:21 «ئاندىن ئۇ مېنى روھنىڭ ئىلكىدە بولغان ھالدا يوغان ۋە ئېگىز بىر تاغقا ئېلىپ قويدى»** ــ «روھ» مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى كۆرسىتىدۇ.

**10:21** ئىبر. 22:12؛ ۋەھ. 10:1؛ 2:21.

**14:21 «مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «ئەز.» 48:31-34.

**14:21** ئەز. 48:32-34؛ ئەف. 20:2.

**15:21** ئەز. 3:40؛ زەك. 1:18.

**16:21 «ئون ئىككى مىڭ ستادىيون»** ــ بىر ستادىيون 185 مېتر بولۇپ، بۇ 2200 كىلومېتردۇر

**17:21 «سېپىلنىڭ قېلىنلىقى ئىنسانلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە، يەنى شۇ**

يېشىل ياقۇتتىن، شەھەر ئەينەكتەك سۈزۈك ساپ ئالتۇندىن بىنا
قىلىنغانىدى. [19] شەھەر سېپىلىنىڭ ئۇللىرى ھەرخىل قىممەتلىك
ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەنىدى. بىرىنچى ئۇل تاش يېشىل ياقۇت،
ئىككىنچىسى كۆك ياقۇت، ئۈچىنچىسى ھېقىق، تۆتىنچىسى
زۇمرەت، [20] بەشىنچىسى قىزىل ھېقىق، ئالتىنچىسى قىزىل قاشتاش،
يەتتىنچىسى سېرىق كۋارتس، سەككىزىنچىسى سۇس يېشىل ياقۇت،
توققۇزىنچىسى توپاز، ئونىنچىسى يېشىل كۋارتس، ئون بىرىنچىسى
سۆسۈن ياقۇت ۋە ئون ئىككىنچىسى پىروزا ئىدى. [21] ئون ئىككى
دەرۋازا ئون ئىككى مەرۋايىت ئىدى، دېمەك دەرۋازىلارنىڭ ھەربىرى
بىردىن مەرۋايىتتىن ياسالغانىدى. شەھەرنىڭ غول يولى ئەينەكتەك
سۈزۈك ساپ ئالتۇندىن ئىدى.
[22] شەھەردە ھېچقانداق ئىبادەتخانا كۆرمىدىم، چۈنكى ھەممىگە
قادىر پەرۋەردىگار خۇدا ۋە قوزا ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدۇر. [23] شەھەرنىڭ
يورۇتۇلۇشى ئۈچۈن قۇياشقا ياكى ئايغا موھتاج ئەمەس، چۈنكى
خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۇنى يورۇتقانىدى، ئۇنىڭ چىرىغى بولسا
قوزىدۇر. [24] ئەللەر شەھەردىكى يورۇقلۇقتا يۈرىدۇ؛ يەر يۈزىدىكى
پادىشاھلار شانۇ-شەۋكىتىنى ئۇنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كېلىدۇ.
[25] ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى كۈندۈزدە ھەرگىز تاقالمايدۇ (ئەمەلىيەتتە ئۇ

---

پەرىشتىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بىر يۈز قىرىق تۆت جەينەك كەلدى» ــ «جەينەك» بولسا (ياكى «گەز») جەينەكتىن قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق، يەنى يېرىم مېتىر؛ دېمەك، سېپىلنىڭ قېلىنلىقى 65 مېترچە ئىدى.

20:21 **«قىزىل ھېقىق»** ــ ياكى «ساردونىكس». **«قىزىل قاشتاش»** ــ ياكى «ساردئۇس»، ياكى «پارقىراق قىزىل قاشتېشى». **«سېرىق كۋارتس»** ــ ياكى «خرىزولىت»، «پېرىدوت». **«سۇس يېشىل ياقۇت»** ــ ياكى «بېرىل». **«توپاز»** ــ «توپاز» بولسا سېرىق رەڭلىك بىر ياقۇت. **«يېشىل كۋارتس»** ــ ياكى «خرىزوپراس». **«پىروزا»** ــ ياكى «ئامېتىست».

**23:21** يەش. 19:60؛ زەك. 7:14.

24:21 **«مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** ــ «يەش.» 60:19-20، «زەك.» 22:8.

**24:21** يەش. 3:60، 20-19؛ زەك. 22:8

يەردە كېچە زادى بولمايدۇ). [26] ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شانۇ-شەۋكىتى ۋە ھۆرمەت-ئىززىتى ئۇنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. [27] ھەرقانداق ھارام نەرسە ۋە ھەرقانداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلغۇچى ياكى يالغانچىلىق قىلغۇچى ئۇنىڭغا كىرەلمەيدۇ؛ پەقەت نامى قوزىنىڭ ھاياتلىق دەپتىرىدە يېزىلغانلارلا كىرەلەيدۇ.

22 [1] ئاندىن پەرىشتە ماڭا خرۇستالدەك پارقىراق ھاياتلىق سۈيى
ئېقىۋاتقان دەرياني كۆرسەتتى. دەريا خۇدانىڭ ۋە قوزىنىڭ
تەختىدىن چىققان بولۇپ، [2] شەھەرنىڭ غول يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئېقىۋاتقانىدى. دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە ۋە ئۇ تەرىپىدىمۇ ئون ئىككى خىل
مېۋە بېرىدىغان، ھەر ئايدا مېۋىلەيدىغان ھاياتلىق دەرىخى بار ئىدى؛
دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى ئەللەرنىڭ شىپاسى ئۈچۈن ئىدى. [3] لەنەت
دېگەن ئەمدى بولمايدۇ؛ خۇدانىڭ ۋە قوزىنىڭ تەختى شەھەرنىڭ ئىچىدە
بولۇپ، ئۇنىڭ قۇل-خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ خىزمەت-ئىبادىتىدە بولىدۇ.
[4] ئۇلار ئۇنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ؛ ئۇنىڭ نامى ئۇلارنىڭ پېشانىلىرىگە
پۈتۈكلۈك بولىدۇ. [5] ئۇ يەردە ئەسلا كېچە بولمايدۇ، نە چىراغ نۇرىغا،
نە قۇياش نۇرىغا موھتاج بولمايدۇ. چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدا ئۇلارنىڭ
ئۈستىدە يورىدۇ، ئۇلار ئەبەدىلئەبەدگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ.

---

**25:21** يەش. 11:60؛ ۋەھ. 5:22.

**26:21 «مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «يەش.» 5:60-7، «ھاگ.» 7:2.

**26:21** يەش. 5:60-7؛ ھاگ. 7:2

**27:21** مىس. 32:32؛ زەب. 28:69؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 5:3؛ 12:20.

**1:22 «مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر»** — «زەب.» 38:36، 4:46، «ئەز.» 1:47-9، «زەك.» 8:14.

**1:22** زەب. 36:38؛ ئەز. 1:47-9؛ زەك. 8:14.

**2:22 «ئون ئىككى خىل مېۋە بېرىدىغان، ھەر ئايدا مېۋىلەيدىغان ھاياتلىق دەرىخى»** — ياكى «ئون ئىككى قېتىم مېۋىگە كىرىدىغان، ھەر ئايدا مېۋىلەيدىغان ھاياتلىق دەرىخى».

**2:22** ۋەھ. 7:2.

**4:22** ۋەھ. 12:3.

**5:22** يەش. 19:60؛ زەك. 7:14؛ ۋەھ. 23:21.

## ئاخىرقى ئاگاھ-گۇۋاھ

6 پەرىشتە ماڭا:
بۇ سۆزلەر ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىكتۇر؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ
روھلىرىنىڭ رەب خۇداسى يېقىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى مۇقەررەر
بولغان ئىشلارنى ئۆز قۇل-خىزمەتكارلىرىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن،
پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى، ــ دېدى.

7 («مانا، پات يېقىندا كېلىمەن! بۇ كىتابتىكى بېشارەتنىڭ سۆزلىرىنى
تۇتقۇچى كىشى بەختلىكتۇر!»)
8 بۇلارنى ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى مەن يۇھاننامەن. بۇ ئىشلارنى
ئاڭلىغىنىمدا ۋە كۆرگىنىمدە، بۇلارنى ماڭا كۆرسەتكەن پەرىشتىگە
سەجدە قىلغىلى ئايىغى ئالدىغا يىقىلدىم. 9 لېكىن ئۇ ماڭا:
ھەرگىز ئۇنداق قىلما! مەنمۇ خۇدانىڭ سەن ۋە قېرىنداشلىرىڭ
بولغان پەيغەمبەرلەر بىلەن ئوخشاش قۇل-خىزمەتكارىمەن. خۇداغىلا
ئىبادەت قىل! ــ دېدى.
10 ئۇ ماڭا يەنە:

---

6:22 **«يېقىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى مۇقەررەر بولغان ئىشلار»** ــ ياكى «تېزيۇقىسىز يۈز بېرىشى مۇقەررەر بولغان ئىشلار». **«بۇ سۆزلەر ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىكتۇر»** ــ بۇ سۆزلەر 9:19 ۋە 5:21دىمۇ تېپىلىدۇ، شۇ يەردە ئالدىنقى ئىشلارنى (21:1-5) تەستىقلاش ئۈچۈن ئېيتىلغان. ئەمما مۇشۇ يەردە، شۈبھىسىزكى، پۈتكۈل كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ياكى ھەتتە ياكى پۈتكۈل ئىنجىلنىڭ مەزمۇنىنى ياكى پۈتكۈل تەۋرات-ئىنجىلنىڭ مەزمۇنىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. **«پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرىنىڭ رەب خۇداسى»** ــ مۇشۇ يەردە رەب ئەيسانى كۆرسەتسە كېرەك (1:1نى كۆرۈڭ).

**6:22** ۋەھ. 1:1؛ 9:19؛ 5:21.

7:22 **«مانا، پات يېقىندا كېلىمەن! بۇ كىتابتىكى بېشارەتنىڭ سۆزلىرىنى تۇتقۇچى كىشى بەختلىكتۇر!»** ــ بۇ سۆزلەر رەب ئەيسانىڭ، ئەلۋەتتە.

**7:22** ۋەھ. 3:1.

**9:22** روس. 26:10؛ 14:14؛ ۋەھ. 10:19.

بۇ كىتابتىكى بېشارەتنىڭ سۆزلىرىنى پېچەتلىمە؛ چۈنكى بۇلارنىڭ
ۋاقتى يېقىن كەلدى.
[11] قەبىھلىك قىلغۇچى كىشى قەبىھلىكنى قىلىۋەرسۇن؛ پەسكەش
كىشى بولسا پەسكەشلىكتە تۇرىۋەرسۇن؛ ھەققانىي كىشى بولسا
ھەققانىيلىقنى يۈرگۈزۈۋەرسۇن؛ پاك-مۇقەددەس كىشى بولسا پاك-
مۇقەددەسلىكتە تۇرىۋەرسۇن، ــ دېدى.

## ئەيسا مەسىھ بىۋاستە يۇھاننागا سۆزلەيدۇ

[12] «مانا، پات يېقىندا كېلىمەن! ھەركىمنىڭ ئەمەلىيىتىگە
قاراپ بېرىدىغىنىمنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىمەن. [13] مەن
«ئالفا» ۋە «ئومېگا»، بىرىنچى ۋە ئاخىرقى، مۇقەددىمە ۋە خاتىمە
ئۆزۈمدۇرمەن».

[14] ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىدىن نېسىپ بولۇش ۋە دەرۋازىلىرىدىن
شەھەرگە كىرىشكە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن تونلىرىنى يۇغانلار
بەختلىكتۇر! [15] شەھەرنىڭ سىرتىدىكىلەر ــ ئىتلار، سېھىرگەرلەر،
بۇزۇقلۇق قىلغۇچىلار، قاتىللار، بۇتپەرەسلەر، يالغانچىلىقنى خۇشتار
بولغانلار ۋە ئەمەل قىلغۇچىلاردۇر.

---

10:22 «بۇ كىتابتىكى بېشارەتنىڭ سۆزلىرىنى پېچەتلىمە» ــ ــ مەنىسى بەلكىم،
ئوقۇرمەنلەرگە ئوچۇق بولسۇن، مەخپىي بولمىسۇن.
10:22 دان. 26:8؛ 4:12؛ ۋەھ. 3:1.
12:22 «مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر» ــ «يەش.» 10:40، 11:62.
12:22 زەب. 12:62؛ يەش. 10:40؛ 11:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 1كور. 8:3؛ 2كور.
10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2.
13:22 «مەن «ئالفا» ۋە «ئومېگا»...» ــ گرېك تىلىدا «ئالفا» بىرىنچى ھەرپ، «ئومېگا»
ئاخىرقى ھەرپتۇر. دېمەك، ئەيسا مەسىھ باش ۋە ئاخىردۇر.
13:22 يەش. 4:41؛ 6:44؛ 12:48؛ ۋەھ. 8:1؛ 6:21.
15:22 1كور. 10:6؛ ئەف. 5:5؛ كول. 5:3، 6.

16 «مەنكى ئەيسا جامائەتلەرنى دەپ سىلەرگە بۇ ئىشلارنىڭ
گۇۋاھلىقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەرىشتەمنى ئەۋەتتىم. داۋۇتنىڭ
يىلتىزى ھەم نەسلى، پارلاق تاڭ يۇلتۇزىدۇرمەن!»

17 روھ ۋە تويى بولىدىغان قىز: «كەل!» دەيدۇ.
ئاڭلىغۇچى: «كەل!» دېسۇن.
ئۇسسىغۇچى ھەركىم كەلسۇن، خالىغان ھەركىم ھاياتلىق سۇيىدىن
ھەقسىز ئىچسۇن.

## خاتىمە

18 مەنكى بۇ كىتابتىكى بېشارەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلارغا
گۇۋاھلىق بېرىپ ئاگاھلاندۇرىمەنكى: كىمدىكىم بۇ سۆزلەرگە
بىرنېمىنى قوشسا، خۇدا ئۇنىڭغا بۇ كىتابتا يېزىلغان
بالايىئاپەتلەرنى قوشىدۇ. 19 كىمدىكىم بۇ بېشارەتلىك كىتابنىڭ
سۆزلىرىدىن بىرەر سۆزنى ئېلىپ تاشلىسا، خۇدامۇ ئۇنىڭدىن بۇ
كىتابتا يېزىلغان ھاياتلىق دەرىخىدىن ۋە مۇقەددەس شەھەردىن
بولىدىغان نېسىۋىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ.
20 ــ مانا، بۇلارغا ئاگاھ-گۇۋاھ بەرگۈچى بولسا مۇنداق دەيدۇ:

---

**16:22** يەش. 10:11؛ رىم. 12:15؛ 2پېت. 19:1؛ ۋەھ. 1:1؛ 5:5.

**17:22 «روھ ۋە تويى بولىدىغان قىز: «كەل!» دەيدۇ»** ــ «روھ» ــ مۇقەددەس روھتۇر. «تويى بولىدىغان قىز» دېگەنلىك جامائەتنى كۆرسىتىدۇ. 19-باب 7-، 8-ئايەتلەرگە قارالسۇن.

**17:22** يەش. 1:55؛ يۇھ. 37:7.

**18:22 «مەنكى بۇ كىتابتىكى بېشارەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلارغا گۇۋاھلىق بېرىپ ئاگاھلاندۇرىمەنكى»** ــ «مەنكى» دېگەن سۆز بەزى ئالىملار، 18-19-ئايەتتىكى سۆزلەرنى روسۇل يۇھاننانىڭكى دەپ قارايدۇ. بىراق يۇھاننا ئۆزىنى بىۋاستە كۆرسەتمىگەچكە (9:1نى كۆرۈڭ)، شۇنداقلا 20-ئايەتتە رەب ئۆزى ئېنىق كۆرسىتىلگەچكە بىز سۆزلەرنى رەبنىڭكى، دېگەن پىكىرگە مايىلمىز.

**19:22** قان. 2:4؛ 32:12؛ پەند. 6:30؛ ۋەھ. 8:13؛ 8:17.

«شۈنداق، پات يېقىندا كېلىمەن!»

«ئامىن! كەل، يا رەب ئەيسا!»

21 رەب ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى بارلىق مۇقەددەس بەندىلەر بىلەن بىللە بولغاي، ئامىن!

# قوشۇمچە سۆز

بۇ سەل ئۇزۇنراق «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بىز ئوقۇرمەنلەرنى كىتابنى تولۇقراق چۈشەنچە بىلەن ئۇزلەشتۈرسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي بىر تېزىسىنى ھەم بېشارەتلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى تەمىنلىمەكچىمىز. كىرىش سۆزىمىزدە ئېيتقىنىمىزدەك، تەۋراتتىكى ۋە ئىنجىلدىكى ئىلگىرىكى باشقا بېشارەتلەر ئوقۇرمەنلەرگە سىڭگەنسېرى، «ۋەھيي»نىڭ سىرلىرىمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە ئاشكارىلىنىدۇ.

## مەسىھنىڭ يۇھانناغا ئايان بولۇشى (1-باب، 9-20)

كىتابنىڭ بېشىدا، مەسىھ ئۆزى قۇل-خىزمەتكارى روسۇل يۇھانناغا كۆرۈنىدۇ، ئاندىن يۇھاننا كىتابنىڭ ۋەھىيلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. مەسىھنىڭ ئۇلۇغلۇقى يۇھاننا ھەمدە بىزگىمۇ، يەنى روھىمىزغا شۇنداق چوڭقۇر تەسىر يەتكۈزمىگەن بولسا، ھەرقانداق بېشارەتنى، شۇنداقلا ھەرقانداق تارىخنىمۇ ئوقۇپ چۈشىنىشكە ئىنتىلىشلىرىمىز تولىمۇ پايدىسىز، بىكار بىر ئىش بولۇپ چىقىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى 10:19دە خاتىرىلەنگەندەك: «ۋەھيي-بېشارەتنىڭ روھ-ماھىيىتى بولسا ئەيسا ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىشتۇر». دېمەك، ھەقىقىي بېشارەتلەرنىڭ ئومۇمىي تېمىسى ۋە ئاساسىي خەۋىرى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا بىزنىڭ مەيلى بېشارەتلەرنى ئۆگىنىشىمىز، مەيلى تارىخنى ئۆگىنىشىمىز بولسۇن، ئۇنىڭدا بىرىنچى نىشانىمىز مەسىھنى تېخىمۇ تونۇش بولمىسا (مەسىلەن، مەقسىتىمىز پەقەت كەلگۈسى ئىشلارغا قىزىقىشلا بولسا، خالاس)، ئۇ ھالدا ئۇ بىزگە تۇيۇق يول بولۇپلا قالماي، بەلكى بىزنى تەكەببۇرلۇققا ۋە تۈرلۈك روھىي زىيانغا ئېلىپ بارىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئىشەنگۈچىلەردىن بەزىلەر «ۋەھيي»دىكى نۇرغۇن بېشارەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سەۋدايى بولۇپ كەتكىنى بىلەن تولىمۇ مېھىر-مۇھەببەتسىز بولۇپ كەتتى، بىلگەنلىرىدىن تەكەببۇرلاشتى، ھەتتا ئەخلاقسىزلىققا ئازدۇرۇلدى. ئۇلار روسۇل پاۋلۇس خۇدانىڭ مەقسىتى توغرۇلۇق ئۇقەتكەن: «ئۇ (مەسىھ) ھەر جەھەتتىن پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئەڭ ئۇستۈن ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك» («كول.» 18:1) دېگەن ئۇلۇغ پرىنسىپنىمۇ ئۇنتۇغان.

شۇڭا بۇلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، خۇدانىڭ قورقۇنچىدا بولۇپ بېشارەتلەرنى چۈشىنىشكە بەزى ئاچقۇچلارنى، شۇنداقلا بېشارەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك پايدىلىق ياكى ئىلھام بېرىدىغان تارىخىي مەلۇماتلارنىمۇ ھازىر ئوقۇرمەنلەر ئالدىغا قويماقچىمىز. دائىم دېگىنىمىزدەك، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئېيتقانلىرىمىزنى مۇقەددەس يازمىلاردىن تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىنى ئۆتۈنىمىز. مۇقەددەس يازمىلار ھەقىقەتنى ئېنىقلاپ ئىسپاتلاشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەمدۇر.

## كىتابتىكى بېشارەتلەرنىڭ ئومۇمىي تېزىسى

مەلۇم بىر تارىخشۇناس مۇرەككەپ بىر ئۇرۇش (ئېيتايلۇق، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى)نىڭ تارىخىنى يازماقچى بولىدۇ، دەيلى. ئۇ ئوقۇرمەنگە ئېنىق ئۇقۇمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى يىغىنچاقلاپ گەۋدىلەندۈرۈپ، تەرتىپى بويىچە بابلارغا بۆلۈپ يېزىشى مۇمكىن. ئاندىن جاي-جايلاردا بولغان بەزى مۇھىم ھالقىلىق جەڭلەرنى سۈرەتلىشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭ يەنە بەلكىم ئۇرۇشقا چېتىشلىق بەزى مۇھىم ئەللەر (رۇسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە)نى ياكى پېرسوناژلار (گىتلېر، چېرچىل، مۇسسولىنى، ستالىن قاتارلىقلار)نى تەسۋىرلەيدىغان بابلارنى قوشۇشىمۇ مۇمكىن. شۈبھىسىزكى، ئاخىرقى غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان جەڭلەرنى ۋە غەلىبە نەتىجىسىنى ئىنتايىن تەپسىلىي تەسۋىرلەيدۇ. «ئومۇمىي تېزىس»تىن باشقا كۆپ قىسىملىرى شۇنداق بىر تارىخنىڭ ۋاقتىنىڭ تەرتىپىگە ئاساسلانغان بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«ۋەھيي»نى بولسا دەل شۇنداق ئۇسلۇبتا دەپ ئىشىنىمىز. ئۇ «بولغان تارىخ» ئەمەس، بەلكى «ئالدىنئالا ئېيتىلغان تارىخ»تۇر. ئۇنىڭ «ئومۇمىي تېزىس»ى بولسا «يەتتە پېچەت»تە تەمىنلىنىدۇ. كىتابنىڭ بارلىق باشقا تەپسىلاتلىرى بۇ «يەتتە پېچەت»نىڭ قۇرۇلمىسى ئىچىگە ماس ھالدا كىرىشتۈرۈلگەن، دەپ ئىشىنىمىز.

مۇشۇ يەردە شۇنى دەپ ئۆتۈمىزكى، ئالىملار «ۋەھيي» توغرۇلۇق ئۈچ خىل كۆزقاراشتا بولىدۇ: ــــ

(1) ئېتىقادچى جامائەتلەرنىڭ تارىخىنى (پەقەت «ئاخىرقى زامانلار»نىلا ئەمەس) كۆرسىتىدىغان بېشارەت؛

(2) ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرقى زامانلارنى كۆرسىتىدىغان بېشارەت؛

(3) پەقەت مەسىھنىڭ ۋە بەندىلىرىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى كۆرسىتىلىدىغان سىمۋوللۇق كىتاب.

بۇ ئاخىرقى 3-كۆزقاراشنى خۇدانىڭ ھەقىقەتلىكىنى ھاقارەتلىگەنلىك دەپ قارايمىز. كىتابتىكى نۇرغۇن ئىشلارغا «سىمۋول خاراكتېرلىق شەرھ بېرىش» مۇمكىن ئەمەس.

1-كۆزقاراش بويىچە، كىتابتىكى بەزى ۋەقەلەرنى جامائەتنىڭ تارىخىنىڭ بىر قىسمى دەپ شەرھ بېرىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. مەسىلەن ئالايلۇق، 20-بابتا مەسىھ يەر يۈزىدە ھۆكۈم سۈرگىنىدە شەيتاننىڭ («ئەللەرنى قايتىدىن ئازدۇرماسلىقى ئۈچۈن») مىڭ يىلغىچە باغلىنىشى كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىش زادى قايسى جەھەتتىن «جامائەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى»؟ ھەربىرىمىز كۆرگىنىمىزدەك، پۈتكۈل تارىختا بوگۇنگە قەدەر شەيتان تېخى ھېچقانداق بىر مۇھلەتتە «باغلانغان» ئەمەس؛ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىرى بار بولىدىغان ئوخشايدۇ.

شۇڭا بىز كىتابنىڭ كۆپ قىسىملىرىنىڭ دەرۋەقە «ئاخىرقى زامانلار»نى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. شۇنداقتىمۇ، بەلكىم «ۋەھيي»دىكى بېشارەتلەر تارىختا بەزىدە «قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان» ۋەقەلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، تارىختىكى بەزى شەخسلەردە ھەقىقەتەن «دەججال»نىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ؛ ئالايلى، دەججالغا ئوخشاش روھتا بولغان —— ئانتىئوقۇس ئەپىفانىس (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 165-يىلى)، شارلېمايىن، «بۈيۈك ئوتتو»، گىتلېر، ستالىن قاتارلىقلار.

بىزنىڭچە، شەرھ بېرىشتە (پەقەت «ۋەھيي»دە ئەمەس، بەلكى بارلىق مۇقەددەس يازمىلاردا) مۇھىم ئەمما ئاددىي بىر پرىنسىپ مۇنداق: —— تېكىستتىكى سۆز-جۈملىلەرنى سۆزمۇسۆز ياكى جۈملىمۇجۈملە بىۋاستە چۈشىنىش مۇمكىن بولسىلا، بۇلارنى بىۋاستە چۈشىنىش؛ تېكىستتىكى سۆز-جۈملىلەر ئېنىق سىمۋوللۇق مەنىدە ئىشلىتىلگەن ياكى ئېنىق كۆچمە مەنىدە بولسا، بۇلارنى سىمۋوللۇق مەنىدە ياكى كۆچمە مەنىدە چۈشىنىش

مەسىلەن، 7-باب ۋە 14-بابتا بىز «ئون ئىككى قەبىلىنىڭ ھەربىرىدىن بولغان» «144000 نەپەر ئىسرائىل» توغرۇلۇق ئوقۇيمىز. بىرىنچىدىن، بىز بۇ رەقەمنى سۆزنىڭ ئەينى مەنىسى بويىچە چۈشىنىمىز. چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا باشقا قايسى يەردە مەلۇم بىر رەقەم «سىمۋوللۇق» مەنىدە كۆرۈلگەن؟ شۈبھىسىزكى، بەزى رەقەملەرنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتى باردۇر؛ مەسىلەن

«12» دېگەن رەقەم ھامان خۇدانىڭ مۇكەممەل ھۆكۈم سۈرۈشى بىلەن باغلىق بولىدۇ ــ ئەمما ئاخىر بېرىپ ئۇ يەنىلا ئون ئىككى بولىدۇ. مەسىھنىڭ «ئون ئىككى روسۇل»ى يەنىلا ئون ئىككى ھەقىقىي ئادەم ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش 144000 دېگەن رەقەمنى ئەينى شۇ مەنىدە چۈشىنىمىز. رەقەم «12x12»نىڭ ئىككىنچى ئەھمىيىتى بەلكىم بۇ كىشىلەرنىڭ خۇدانىڭ مۇكەممەل ئىدارە قىلىشى ئاستىدا دائىم تۈردىغانلىقىنى يۇراتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئىسرائىلنىڭ «ئون ئىككى قەبىلىسى»دىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئۇلار ھەقىقىي ئىسرائىللار بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ «نافتالى قەبىلىسىدىن 12000 كىشى، ماناسسەھ قەبىلىسىدىن 12000 كىشى، شىمېئون قەبىلىسىدىن 12000 كىشى...» دېيىشى زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ ئايەتتىكى ئىسىملارنى سىمۋوللۇق دەپ شەرھ بەرگۈچىلەردىن ھېچبىرى بۇ ئىسىملارنىڭ «سىمۋوللۇق مەنە»سىدىن ھەتتا بىرمۇ مىسالنى تەمىنلەپ بېرەلمەيدۇ. ئەمدى خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە ھەتتا «ئالىملار»دىنمۇ ھېچكىم چۈشىنەلمەيدىغان سىمۋوللارنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى قايماقتۇرغۇدەك نېمە مەقستى بولسۇن؟

ئەمما باشقا جەھەتتىن «يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق قىلغان» «نۇرغۇن سۇلار ئۈستىدە ئولتۇرغان، چوڭ پاھىشە ئايال»نى (17-باب) روھىي ياكى سىمۋوللۇق جەھەتتىن چۈشىنىش كېرەكلىكى روشەن؛ دەرۋەقە بۇ سىمۋوللۇق چۈشەنچە كېيىنكى ئايەتلەردە بىزگە تەمىنلىنىدۇ.

بىز ھازىر كىتابنىڭ ھەربىر قىسمى ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز: ــــ

## «يەتتە جامائەت»كە يېزىلغان يەتتە خەت

بۇ خەتلەرنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئۇلارنىڭ مۇشۇ جامائەتلەرگە يەتكۈزگەن ئاددىي خەۋەردە بولىدۇ. ھەربىر خەتتە قارىتىلغان جامائەتتىكىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيىتى بولغان مەلۇم ئىش تىلغا ئېلىنىدۇ. خۇددى رەب بۇگۈن خوتەندىكى جامائەتكە خەت يازغان بولسا، ئوخشىتىشلىرىدا قاشتاشنى، تۇرپاندىكى جامائەتكە يازغان بولسا، ئۈزۈملەرنى تىلغا ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغانغا ئوخشاش، ئۇ شۇ جامائەتتىكىلەرگە خەۋەرنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىنتايىن تونۇش ئىشلارنى تىلغا




ئەيسا مەسىھنىڭ خېتىنى
تاپشۇرۇۋالغان
«كىچىك ئاسىيا»دىكى يەتتە
جامائەت
(«ۋەھىي» 2-3-باب)




كىچىك ئاسىيا - هازىرقى تۈركىيە

ئالدۇ. مەسىلەن، ئۇ لائودىكىيادىكىلەرگە سۆز قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئىلمان سۇ مەسىلىسىنى تىلغا ئالدۇ. ئەمما بارلىق خەتلەر پەقەت مۇناسىۋەتلىك جامائەتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزنىڭ جامائەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ۋە ئەيىب يەرلىرىدىنمۇ ساۋاق ئېلىشىمىز ئۈچۈن «ئوچۇق» تۇرىدۇ. مەزكۇر خەتلەرنى قوبۇل قىلغان شۇ جامائەتلەردىكى سادىق قېرىنداشلارنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىمىزمۇ بۇلاردىن پايدىلانسۇن دەپ، خەتلەرنى شۇنداقلا «ۋەھيي»نىڭ ئۆزىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر ئېيتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ!

## خەتلەرنىڭ بېشارەتلىك ئەھمىيىتى

بۇ يەتتە خەت يەنە دۇنياۋى جامائەتنىڭ تارىخىدىكى يەتتە «دەۋر»گە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېگەن كۆزقاراشنى خېلى نوپۇزلۇق دەپ قارايمىز. دېمەك، خەتلەر روسۇل يۇھاننا دەۋرىدىكى يەتتە ھەقىقىي جامائەتكە يېزىلغان ھەمدە خەتتە تەرتىپى بويىچە دۇنياۋى جامائەتنىڭ، بولۇپمۇ غەربتىكى جامائەتنىڭ تارىخىنى كۆرسىتىدىغان «بېشارەتلىك سىمۋول» كۆرسىتىلگەن (شەرقتىكى، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋە ھىندىستاندىكى جامائەتنىڭ تارىخى باشقىچە بولسا كېرەك). بۇ تەھلىلىمىز توغرا بولغاندا، مەلۇم خەتتە تەسۋىرلەنگەن ئىشلار ئەمەلدە كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، كېيىنكى خەتتىكى ئىشلار ئەمەلدە كۆرسىتىلىشى بىلەن يوقالمايدۇ، بەلكى ئۇلار بىلەن تەڭ داۋام قىلىدۇ. شۇڭا «ئەفەسۇستىكى ئىشلار»، «سمىرنادىكى ئىشلار »... «لائودىكىيادىكى ئىشلار»نىڭ ھەممىسى رەب ئەيسا قايتىپ كەلگەندىمۇ دۇنياۋى جامائەتتە كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلگەندە بارلىق جامائەتلەرنىڭ ھالى «لائودىكىيادىكى ئىشلار»دىكىدەك بولىدىغان بولسا، تولىمۇ ئېچىنارلىق بولىدۇ، لېكىن پۈتكۈل جامائەتنىڭ ئۇنداق بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئەمدى بۇ «بېشارەتلىك ئىش»لار مۇنداق دەۋرلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن: ــــ

(1) ئەفەسۇستىكى جامائەت. «روسۇللۇق دەۋر»دىكى، يەنى بىرىنچى ئەسىردىكى جامائەتكە ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. ئەفەسۇستىكى جامائەت تاپشۇرۇۋالغان ۋەھىيلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى (روسۇل پاۋلۇس ئاندىن روسۇل يۇھاننا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان) (مىلادىيە 33-100-يىللار).

(2) سمىرنا (ئىزمىر)دىكى جامائەت. كۆپ شەرھچىلەر ئۇلارنى 2- ۋە 3-ئەسىردىكى، كۆپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان جامائەتكە ۋەكىللىق قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. يۇھاننانىڭ دەۋرىدە ھۆكۈم سۈرگەن دومىتىيان ئىمپېراتورى (81-96)دىن تارتىپ دىئوكلىتىيان ئىمپېراتورى (284-305)غىچە بولغان دەۋرلەردە جامائەتلەر ئون قېتىم ئەشەددىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان («سىلەر ئون كۈن قىيىنىلىسىلەر...») (مىلادىيە 100-313-يىللار).

(3) پەرگامۇمدىكى جامائەت. ئۇنىڭدا «بالائامنىڭ تەلىمى»نى ئۆگەتكۈچىلەر ۋە «نىكولاس تەرەپدارلىرى» تېپىلىدۇ («نىكولاس» «خەلقنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ). 4-ئەسىردە كۆپ جامائەتلەردە ھوقۇق ۋە پۇل تالىشىش مەسىلىلىرى پەيدا بولۇپ، چوڭ بىر «ھوقۇق سىستېمىسى» ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئىمپېراتور كونستانتىن «مەن خرىستىياندۇرمەن» دەپ جامائەتتىن پايدىلىنىپ، يېتەكچىلەرگە ھۆكۈمەتتىكى مەنسەپلەرنى تەقسىم قىلىش ئارقىلىق ئۆزى جامائەتتىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا باشلايدۇ.

غەربتىكى جامائەتلەرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئېتىقاد توغرۇلۇق بەزى ھالقىلىق مۇزاكىرىلەر ئىمپېراتور بېكىتكەن شۇ «ئاقساقاللار» ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن. شۇ چاغدا ھەقىقەت تەرىپىدە تۇرىدىغان پەقەت ئاقساقال ئاتاناسىئۇس ئىسىملىك بىر ئادەملا بار ئىدى. بىرسى ئۇنىڭغا: «ئاتاناسىئۇس، پۈتكۈل دۇنيا ساڭا قارشى» دېسە، ئۇ قورقماي: «ئەمدى ئاتاناسىئۇس پۈتكۈل دۇنياغا قارشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن (خەتتە «ئانتىپاس» ئىسىملىك كىشى بار، ئۇنىڭ ئىسمى «ھەممىگە قارشى» دېگەن مەنىدە) (مىلادىيە 313-606-يىللار).

(4) تىياتىرادىكى جامائەت. «يىزەبەل» دېگەن ساختا «ئايال پەيغەمبەر» جامائەتتىن ئورۇن ئالىدۇ. 7-ئەسىردە «رىم پاپاسى» پەيدا بولۇپ، ئاتالمىش «جامائەتنىڭ مەركىزى» دەپ ئاتالغان رىمدىكى «پاپا»نىڭ «ئوردا»سىدا (يەنى «ۋاتىكان»دا) ھەر تۈرلۈك بۇزۇقلۇق، بەچچىۋازلىق، ئوغرىلىق، قاتىللىق ۋە كۈپۈرلۈق كۆرۈلىدۇ. «پاپا» مەسىھنىڭ ئانىسى مەريەمگە چوقۇنۇش كېرەك دەپ تەلىم بېرىدۇ. تارىخشۇناسلار بۇ دەۋرنى «زۇلمەت دەۋرى» ياكى «غەپلەت دەۋرى» دەپ ئاتىشىدۇ (مىلادىيە 606-يىلدىن 1000-يىللارغىچە).

(5) ساردىستىكى جامائەت. «سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى ۋە شۇنداقلا «ھايات»

دېگەن نام-ئابروّيىڭنىڭ بارلىقىنى بىلمەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۆلۈكسەن». پۇتكۇل ياۋروپا بويىچە پەقەت بىرنەچچە ئېتىقاد ئۇچقۇنلىرى («پاۋلىكىيلار»، «بوگوملار»، «كاتارلار»، «ئالبىگەنسلەر»، «ۋاللونلار» «لوللاردلار» قاتارلىق ھەققەتەن «لايىق بولغان» ئەر-ئاياللار تېپىلىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جامائەتلەر («شەرقتىكى جامائەت») گۇۋاھلىقتىن مەھرۇم بولۇپ يوقالغان بولۇشى مۇمكىن (مىلادىيە 1000-1517-يىللار).

(6) فىلادەلفىيەدىكى جامائەت. «ئىشىك ئېچىلغان» جامائەت. 1500-يىللاردىن باشلىنىپ تەۋرات-ئىنجىلنىڭ ئاددىي پۇقرالار ئۇچۇن تەرجىمە قىلىنىشى ئىشى خۇس، لۇتتېر، تىندال، ۋىكلىف قاتارلىق باتۇر كىشىلەر تەرىپىدىن باشلانغان. بۇ تەرجىمىلەر خۇش خەۋەرنى قايتىدىن ئايان قىلىپ، دۇنيا بويىچە بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇلغان كۆپ «خۇش خەۋەر تارقىتىش ھەرىكەتلىرى»نىڭ باشلامچىسى بولغان (مىلادىيە 1517-1918-يىللار).

(7) لائودىكىيادىكى جامائەت. بايلىق، مال-مۈلۈك ۋە تەكەببۇرلۇق جامائەتنى كور قىلىپ ئۆز-ئۆزىدىن رازى بولۇشقا ئازدۇرىدۇ. ھەتتا بەزى «ئىنجىل ئىنستىتۇتلىرى»دا نومۇسسىز ئېتىقادسىزلىق پەيدا بولىدۇ. «ئىتائەتسىزلىك-رەزىللىكلەرنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن كىشىلەردىكى مېھىر-مۇھەببەت سوۇۇپ كېتىدۇ» («مات.» 12:24) (مىلادىيە 1918-بۈگۈنكى يىللار). «لائودىكىيا» دېگەن سۆز «خەلقنىڭ پىكىرلىرى» دېگەن مەنىدە بولىدۇ؛ شۈبھىسىزكى، بۈگۈنكى كۆپ جامائەتلەر دەرۋەقە خۇدانىڭ سۆز-كالامى بىلەن ئەمەس، بەلكى «خەلقنىڭ پىكىرلىرى» بىلەن يول تاپىدۇ ۋە باشقۇرۇلىدۇ.

## 4-باب — ئەرش ئىچىگە قاراش

يۇھاناننىڭ ئەرشتە بىرىنچى كۆرگىنى «تەخت» بولىدۇ. ئادەم خۇدانىڭ تەختىنىڭ ھوقۇقىنى كۆرمىگەن بولسا باشقا ۋەھىيلەرنى قوبۇل قىلىشقا لايىق ئەمەس بولىدۇ.

بىزنىڭ «كىرىش سۆز»دە «رەببنىڭ كۈنى» توغرۇلۇق توختالغىنىمىزنى كۆرۈڭ. مەلۇم بىر ئىنسان (ئىمپېراتور) دۇنيانى ئۆزىگە چوقۇندۇرماقچى بولغان دەل شۇنداق بىر كۈندە خۇدانىڭ ئۆز كۈنى، يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»دىكى ۋەھىيلەرنى ئۆز قۇل-خىزمەتكارى

يۇھاننانىڭ يەتكۈزگەنلىكى شۈبھىسىز ئىنتايىن كىنايىلىك، ھەجۋىي ئىشتۇر. تەۋراتتىكى بېشارەتلىك قىسىملاردا «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» توغرۇلۇق ئىزاھاتلار ۋە «قوشۇمچە سۆز»لەرنىمۇ كۆرۈڭ.

تەخت چۆرىسىدىكى «تولۇق ھەسەن-ھۈسەن»گە دىققەت قىلىڭ. نۇھ پەيغەمبەرگە خۇدانىڭ ئۆز ئەھدىسىنى كۆرسەتكەن بەلگىسى قىلىنغان ھەسەن-ھۈسەن ھەردائىم «يېرىم ھەسەن-ھۈسەن» بولىدۇ؛ ئەمما ھازىر بىز تولۇق بولغانىنى كۆرىمىز؛ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى يەتكۈزىدىغان «يېڭى ئەھدە»سى تولۇق، كەم-كۈتىسىز ئەھدىدۇر.

«يىگىرمە تۆت ئاقساقال» (4-ئايەت) - بۇلار كىم بولىدۇ؟ 24 دېگەن رەقەم تەۋراتتىكى كاھىنلىق تۈزۈمىدىكى بىر تەرتىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك («1تار.» 24-، 25-بابلارنى كۆرۈڭ). ئۇنداقتا بۇ ئاقساقاللار تەۋرات دەۋرى بىلەن باغلىقمۇ؟ ئۇلار «ئىبرانىيلارغا»دىكى 11-بابتا كۆرسىتىلگەن، ئېتىقادىنىڭ يول باشلامچىلىرى بولغان «ئېتىقادلىق باتۇرلار»مۇ؟ ئۇلار شۇ بابتا «ئاقساقاللار» دېيىلىدۇ (2-ئايەت). ئۇلار «مەسىھنىڭ تىرىلىشى بىلەن تەڭ تىرىلگەن مۇقەددەس بەندىلەر»مۇ؟ («مات.» 27:51-53). بەزى شەرھچىلەر ئۇلارنى جامائەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ لېكىن ئۇنداق بولسا روسۇل يۇھاننامۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇشى كېرەك ئىدى! 5:8-10-ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ جامائەتتىن ئايرىم تۇرغانلىقى كۆرۈنىدۇ.

«ھايات مەخلۇقلار» توغرۇلۇق بولسا «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

«يەتتە روھ» (5-ئايەت) خۇدانىڭ روھىنىڭ يەتتە تەرەپلىكىنى ياكى يەتتە ۋەزىپىسىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن («يەش.» 11:2نى كۆرۈڭ).

## 5-باب ــ ئەرشتە كۆرۈنۈشنىڭ داۋامى

يۇھاننا ھازىر ئىنتايىن شەرەپلىك بىر سورۇننى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. سورۇندا ھېچقانداق گۇناھنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنمەيدۇ - بارلىق جان ئىگىلىرى خۇداغا ئىبادەت قىلماقتا (13-ئايەت). شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ سورۇن بەلكىم «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىن كېيىن، «مىڭ يىللىق سەلتەنەت»نىڭ بېشى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز («ئۇلار (مۇقەددەس بەندىلەر) يەر يۈزىدە ھۆكۈم سۈرىدۇ» (10-ئايەت)). يۇھاننا بېشارەت قىلغان ۋەقەلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئورام كىتابنىڭ «يەتتە پېچەت»نىڭ ئېچىلىشىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى، يەنى مىڭ يىللىق سەلتەنەتنىڭ بېشىنى كۆرىدۇ. خۇدانىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق كۆرسىتىشتىكى مەقسىتى شۈبھىسىزكى، بىز ھازىر كۆرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، پېچەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك قورقۇنچلۇق ۋەقەلەرنىڭ ئاخىرقى غالىبىيەتلىك نەتىجىسى ئايان قىلىش بىلەن بىزنى خاتىرجەم قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

13-ئايەتنى كۆرۈڭ: «تەختتە ئولتۇرغۇچىغا ۋە قوزىغا، مەدھىيە، ھۆرمەت، شان-شەرەپ ۋە ھوقۇق-قۇدرەت ئەبەدىل-ئەبەدكىچە مەنسۇپ بولغاي!»

ئىبادەتتە ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا خېلى روشەنكى، قوزا، يەنى رەب ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ تەبىئىتىدە بولغان شەخستۇر. «مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن،... مەن ئۆزۈمنىڭ شان-شۆھرىتىمنى باشقا بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەيمەن» («يەش.» 11:48) دېگۈچى مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىنى باشقا بىرسى بىلەن ئورتاق قىلىدۇ؛ ئەمەلىيەتتە خۇدا «مېنىڭ شېرىكىم بولغان ئادەم» دېگەن بۇ زات رەب ئەيسادۇر («زەك.» 7:13).

## (خۇدانىڭ يۈرگۈزگەن جازالىرىنى بىلدۈرىدىغان) «يەتتە پېچەت»

خۇدانىڭ جازالىرىنى يەر يۈزىگە يەتكۈزۈش (يەتتە پېچەتنى ئېچىش)تىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق ۋەزىپىنى ئادا قىلغۇچى پەقەت ئۆزى گۇناھلارنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق جازالىرىنى ئىنسانلارنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن دەپ ئۆز ئۈستىگە ئالغان خۇدانىڭ قوزىسىدۇر. بۇ ئورام يازمىنى ئاچىدىغان، ئۇنىڭدىكى دەھشەتلىك جازالارنى قويۇۋەتكۈچى بولسا مۆلايىم، كۆچلۈك سەۋر-تاقەت ۋە چەكسىز مۇھەببەتنىڭ مۇجەسسەمى بولغان قوزىنىڭ قولىدۇر.

يەنە دىققەت قىلسىڭىز، «يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان شىر» دەل «خۇدانىڭ قوزىسى»دۇر. تەۋراتتىكى «شىر» ئىنجىلدا «قوزا» بولىدۇ. تەۋراتتىكى باشقا ھېچ مۆتىۋەرلەر ئورام يازمىنى ئېچىشقا لايىق ئەمەستۇر.

## 6-باب «يەتتە پېچەت»

تولۇق ئىشەنچىمىز باركى، خۇدانىڭ جازالىرىنى يەتكۈزۈش جەريانىنىڭ ئاساسىي تەرتىپ-قۇرۇلمىسى ئورام يازمىدىكى «يەتتە پېچەت»تىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ پېچەتلەرنى رەبنىڭ ئاخىرقى زامانلار توغرىسىدىكى، «ماتتا» 24-باب ۋە «لۇقا» 21-بابتا خاتىرىلەنگەن ئىلگىركى تەلىمى بىلەن سېلىشتۇرساق تۆۋەندىكى ئاجايىب نۇسخىنى بايقايمىز. شۇنىڭ بىلەن «ۋەھيي» دېگەن كىتابنى رەب ئەيسانىڭ روسۇللىرىغا بەرگەن («ماتتا» 24-دە خاتىرىلەنگەن) ئىلگىركى تەلىمىنىڭ كېڭەيتىلىشى دېيىشىمىزگە بولىدۇ. «ماتتا» 24-دە خاتىرىلەنگەن تەلىملەر «ۋەھيي»نىڭ ئاچقۇچىدۇر؛ «ۋەھيي»نىڭ ئۆزى تەۋراتتىكى نۇرغۇن باشقا-باشقا بېشارەتلەر ماسلاشتۇرۇلۇپ پاتقۇزۇلغان رامكىدۇر.

ئورام يازمىنىڭ ھەربىر پېچىتى ئېچىلغاندا، ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى بوشىتىلىپ، ئۇنىڭدا پۈتۈكلۈك جازالار قويۇۋېتىلىدۇ.

## «ۋەھىي» 6-بابتىكى ئاتلىقلار ۋە پېچەتلەرنىڭ «ماتتا» 24-باب بىلەن سېلىشتۇرمىسى

| «ماتتا» 24-باب | «ۋەھىي» 6-باب |
|---|---|
| 5-ئايەت «ساختا مەسىھلەر» | «1-پېچەت» - ئاق ئات - «ساختا مەسىھلەر» «غەلىبە قىلغۇچى» سۈپىتىدە زەپەر قۇچۇش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلاندى. (11:19نىمۇ كۆرۈڭ) لېكىن پەقەت بىرسىنىڭلا مۇشۇ ھوقۇقى باردۇر. |
| 6-ئايەت «ئۇرۇشلار» «ئۇرۇشلارنىڭ شەپىلىرى» «ئاخىرەت تېخى كەلمىدى» | «2-پېچەت» «قىزىل ئات» ئەللەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار |
| 7-ئايەت «ئاچارچىلىق» «يەر تەۋرەشلەر» | «3-پېچەت» «قارا ئات» - ئاچارچىلىق (ئادەمنىڭ تېرىسى قارىيىدۇ) ئاساسلىق ئاشلىق-يېمەكلىك ئىنتايىن قىممەت، لېكىن ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا «كېرەكلىكلەر»نى ئالغىلى بولىدۇ |
| «لۇقا» 11:21 «ۋابالار» «ۋابالار» | «4-پېچەت» «تاتىراڭ ئات» - ئۆلۈم (دۇنيادىكىلەرنىڭ تۆتتىن بىرى قىلىچ، ۋابا، ئاچارچىلىق ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار ئارقىلىق ئۆلىدۇ). |
| 8-ئايەت «مانا بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى خۇددى ھامىلدار ئايالنىڭ تولغىقىنىڭ باشلانغىنىغا ئوخشايدۇ». | ئاتلار توختايدۇ؛ «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» باشلىنىدۇ. |
| 9-14-ئايەتلەر - زىيانكەشلىك «ئاندىن كىشىلەر سىلەرنى تۇتۇپ، ئازاب-ئوقۇبەتكە سېلىپ ئۆلتۈرىدۇ...» «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ھەققىدىكى بۇ خۇش خەۋەر پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلىنىدۇ» | «5-پېچەت» «قۇربانگاھ ئاستىدىكى جانلار» (زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن) خۇدادىن قىساسىنى سورايدۇ؛ لېكىن ئۇلارغا ئاخىرقى زىيانكەشلىك تۈگىگۈچە كۈتۈشۈڭلار كېرەك، دېيىلىدۇ |
| 14-ئايەت «ئاندىن زاماننىڭ ئاخىرى بولىدۇ» | ا |

15-28-ئايەتلەر

«دانىيال پەيغەمبەر ئېيتقان

«ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»

29-ئايەت «ئۇ ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەر ئۆتۈپ

كەتكەن ھامان، قۇياش قارىيىدۇ، ئاي

يورۇقلۇق بەرمەيدۇ، يۇلتۇزلار ئاسماندىن تۆكۈلۈپ

چۈشىدۇ، ئاسماندىكى كۈچلەر لەرزىگە كېلىدۇ.

ئاندىن ئاسماندىن ئىنسانئوغلىنىڭ

كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلىدۇ؛

يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل قەبىلىلەر يىغا-زار

كۆتۈرۈشىدۇ. ئۇلار ئىنسانئوغلىنىڭ كۈچ-قۇدرەت

ۋە ئۇلۇغ شان-شەرىپى بىلەن كۆكتىكى

بۇلۇتلار ئۈستىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ»

تۆتقان دەھشەتلىك كۈن كەلدى» - دەيدۇ.

|

(بۇ ئىشلار «پېچەتلەر» ئارىسىدا

ئايان قىلىنغان ئەمەس، بەلكى «ۋەھيي»دە

كېيىنرەك ئايان قىلىنىدۇ)

|

|

«6-پېچەت»

«قۇياش بۆز كېيىمدەك قارىيىدۇ..

ئاي قاندەك بولىدۇ...

يۇلتۇزلار ئاسماندىن تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ.

ئاسمان يوقاپ كېتىدۇ.

بارلىق پادىشاھلار، سەردارلار، بايلار، قۇللار تاشلارغا: -

«ئۈستىمىزگە چۈشۈڭلار! خۇدانىڭ

سىماسىدىن ۋە قوزىنىڭ غەزىپىدىن

يوشۇرۇڭلار! چۈنكى ئۇلارنىڭ غەزىپى

بىز تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتلەرمۇ «زامانلارنىڭ ئاخىرى»نى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن باغلانغان ئوخشاش ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز. بۇ ئايەتلەردە، «مات.» 29:24دىكى ۋەقەلەردە ۋە «ۋەھيي»دە 6-پېچەتكە يەتكەندە ئاخىرقى باسقۇچنىڭ كېلىشى ئېنىق كۆرسىتىلگەن: —

«مات.» 31:24 «ئۇ پەرىشتىلىرىنى زور جاراڭلىق بىر كاناي ساداسى بىلەن ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ تاللىغانلىرىنى ئاسماننىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە، دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن يىغىپ بىر يەرگە جەم قىلىدۇ»

«ۋەھ.» 15:11 «ئاندىن يەتتىنچى پەرىشتە كانىيىنى چالدى؛ ئەرشتە يۇقىرى ئاۋازلار ئاڭلىنىپ مۇنداق دېيىلدى: «دۇنيانىڭ پادىشاھلىقى پەرۋەردىگارىمىز ۋە ئۇنىڭ مەسىھىنىڭ پادىشاھلىقى بولدى، ئۇ ئەبەدىل-ئەبەدكىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ»

«1كور.» 51:15-52 «بىز ھەممىمىز ئۆلۈمدە ئۇخلايدىغان ئەمەس؛ بەلكى ھەممىمىز ئۆزگەرتىلىدىغان بولىمىز! بىر دەقىقىدىلا... ئەڭ ئاخىرقى كاناي چېلىنغاندا ئۆزگەرتىلىمىز؛ چۈنكى كاناي چېلىنسا، ئۆلگەنلەر چىرىمەس ھاياتقا تىرىلدۈرۈلىدۇ....»

«1تېس.» 16:4 «چۈنكى رەب ئۆزى بىر پەرمان توۋلىشى بىلەن، باش پەرىشتىنىڭ ئاۋازى ۋە خۇدانىڭ ياڭراتقان كاناي ساداسى ئىچىدە ئاسماندىن چۈشىدۇ ۋە مەسىھدە بولغان ئۆلگەنلەر ئاۋۋال تىرىلىدۇ؛ ئاندىن تىرىك قالغان بىزلەر ئۇلار بىلەن بىرگە، رەب بىلەن ھاۋادا كۆرۈشۈش ئۈچۈن، بۇلۇتلار ئارىسىغا ئېلىنىپ كۆتۈرۈلىمىز؛ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىز رەب بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىمىز»

«زەك.» 3:14-6 «..ۋە پەرۋەردىگار چىقىپ شۇ يات ئەللەر بىلەن ئۇرۇشىدۇ... ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇ كۈنى زەيتۇن تېغىدا تۇرىدۇ.. سىلەر يەھۇدا پادىشاھى ئۇززىيانىڭ كۈنلىرىدە بولغان يەر تەۋرەشتە قاچقىنىڭلاردەك قاچىسىلەر... شۇ كۈنى نۇر توختاپ قالىدۇ..»

شۇ ۋاقىتلاردا: ــــ

(1) خۇدانىڭ تاللىغانلىرى يىغىلىدۇ؛ كاناي چېلىنىدۇ («ۋەھيي»دىكى «يەتتىنچى كاناي» «1كور.» 51:15دە «ئاخىرقى كاناي» دەپ ئاتىلىدۇ).

(2) خۇدا ئۆز سەلتەنىتىدە ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلايدۇ.

(3) ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي سوراق ئىشلىرى تەييارلىنىدۇ.

ئالتىنچى پېچەت ئەمدى رەبنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. يەتتىنچى پېچەت بولسا (1:8) ئاسماندا يېرىم سائەتلىك سۈكۈتنى كۆرسىتىدۇ - بۇنى سوراق ئالدىدىكى ئىش دەپ قارايمىز. يەر يۈزى شۇ چاغدا كۆرۈنمەيدۇ. بىراق 8-بابتا خاتىرىلەنگەن سورۇندىكى ئىشلار «يەتتىنچى پېچەت»تىن كېيىن ئەمەس، بەلكىم يەتتىنچى پېچەتتىكى ئىشلاردىن ئىلگىرى بولىدۇ («..ۋە مەن قارىسام، مانا....»). ئىنچىكىلىك بىلەن قارىساق، سورۇن ئالتىنچى پېچەتتىن ئىلگىرىكى مەزگىلدە (بەلكىم ئىلگىرىكى ئۈچ يېرىم يىلدا) بولىدۇ. ئۇ 5- ۋە 6-پېچەت ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنى، شۇنداقلا 6-پېچەتتىكى بەزى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر بىرىنچى تۆت پېچەت ۋە رەبىبمىزنىڭ «ماتتا» 24-بابتىكى تۆت ۋەقە («ساختا پەيغەمبەرلەر ۋە ساختا مەسىھلەر»، «ئۇرۇشلار» «ئاچارچىلىقلار ۋە يەر تەۋرەشلەر» ۋە «ۋابالار») توغرۇلۇق بايانى دەرۋەقە ئوخشاش ئىشلارنى كۆرسەتكەن بولسا، («بۇ ئىشلار تۇغۇتنىڭ بېشىدىكى تولغاق ئازابلىرى، خالاس») ئەمدى بۇ جازالار يەر يۈزىدە ئالللىقاچان باشلانغان ھەم ھازىر ئۇلارنى كۆرمەكتىمىز. دەرۋەقە ئۆز دەۋرىمىزدە بۇ ئىشلارنىڭ ئېغىرلىشىش ۋە تېزلىشىش ۋەزىيىتى كۆرۈنمەكتە؛ ساختا پەيغەمبەرلەر، ئۆزىنى مەسىھ دەۋالغۇچىلارنىڭ سانى، دۇنيا بويىچە بولغان ئۇرۇشلارنىڭ سانى، ئاچارچىلىق ۋە (زامانىۋى تىبابەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى بولغىنى بىلەن) ۋابالاردىن ئۆلدىغانلارنىڭ سانىنىڭ يېقىنقى يۈز يىلدا ئىلگىرىكى بارلىق تارىختا خاتىرىلەنگەن سانلاردىن كۆپتۇر. يېقىنقى يۈز يىلدا بولغان يەر تەۋرەشلەر ئىلگىرىدە خاتىرىلەنگەن ھەممە يەر تەۋرەشلەردىن كۆپ بولغان. شۇڭا ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى ئېتىقادچىلارغا چۈشىدىغان ئىنتايىن زور زىيانكەشلىك ۋاقتى ئالدىدا تۇرىمىز: «كىشىلەر سىلەرنى تۇتۇپ، ئازاب-ئوقۇبەتكە سېلىپ ئۆلتۈرىدۇ، مېنىڭ نامىم ۋەجىدىن پۈتكۈل ئەللەر سىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ». لېكىن شۇنىڭ بىلەن تەڭ: «بارلىق ئەللەرگە ئاگاھ-گۇۋاھلىق بولسۇن ئۈچۈن، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ھەققىدىكى بۇ خۇش خەۋەر پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلىنىدۇ» («مات.» 9:24، 14)..

## 7-باب — كەينىگە قاراش — «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىن چىققان مېۋە (ھوسۇل)

ئاۋۋال يۇھاننا ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىدىن بولغان «144000» كىشىنى كۆرىدۇ. ئۇلار خۇدا تەرىپىدىن ئالاھىدە تاللانغان ۋە ئالاھىدە قوغدىلىدىغانلاردىن بولسا كېرەك. ئۇلار خۇدانىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ۋە «تۇنجى ھوسۇلنىڭ مېۋىسى» دەپ ئاتالغاچقا (1:14-5)، بىز ئۇلارنى دەسلەپتىكى جامائەتتىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ، دېيىشكە مايىلمىز. چۈنكى ئەسلىدە ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرىغا شەرتسىز بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۇگۈنكى كۈندىمۇ خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئاڭلاشقا نېسىپ بولدۇقۇق؟ ھالبۇكى، بەزى ئالىملار ئۇلار يەتتە يىللىق «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ قورقۇنچلۇق ۋاقتىلىرىدا خۇش خەۋەرنى ئەللەرگە يەتكۈزگۈچى ئالاھىدە بىر گۇرۇپپا بولىدۇ،

دەپ قارايدۇ. ئۇنداق بولسا، نېمىشقا ئۇلار «تۇنجى ھوسۇلنىڭ مېۋىسى» دەپ ئاتىلىدۇ؟ تۆۋەندە مۇمكىنچىلىكى بولغان بىر جاۋابنى تىلغا ئالىمىز، لېكىن بىزنىڭ پىكرىمىز يەنىلا يۇقىرىدىكىدەك بولىدۇ.

ئۇ ئىشتىن كېيىن يۇھاننا مۇنداق بىر سورۇننى كۆرىدۇ: «ھەر ئەل، ھەر قەبىلە، ھەر مىللەتتىن بولغان، ھەر تىللاردا سۆزلىشىدىغان سان-ساناقسىز زور بىر توپ خالايىق تەختنىڭ ۋە قوزىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاق تون كىيدۈرۈلگەن ....». ئۇ ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى سورىغاندا: «بۇلار دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلەردۇر. ئۇلار تونلىرىنى قوزىنىڭ قېنىدا يۇيۇپ، ئاپئاق قىلغان» جاۋابەن ئېيتىلىدۇ.

«دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» پەقەت «ئاخىرقى يەتتە يىل»لىق بولسا نېمىشقا يۇھانناغا («دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتتىن چىققان») بۇ بىر توپ كىشىلەرلا كۆرسىتىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېتىقاد قىلغۇچىلار يوقمىدى؟ ئويلىرىمىزچە، بۇ زور بىر توپ كىشىلەرنىڭ كۆرسىتىلىشىنىڭ سەۋەبى، خۇش خەۋەرنىڭ دەھشەتلىك قىيىنچىلىققا يۈزلىنىشى بىلەن شۇلاردا، يەنى شۇ «مول ھوسۇل»دا ئاخىرقى ئەڭ چوڭ نەتىجىسى ۋە غەلىبىسى ئايان قىلىنىدۇ. مۇخلىسلارنىڭ سان-ساناقسىز كۆپ بولۇشى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى مۆمىن بەندىلەرنى (شۇنداقلا بىزلەرنىمۇ) خۇش خەۋەرنىڭ خىزمىتىدە چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. گەرچە «ئورۇق چېچىش»قا يەر قاتتىق ۋە ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، ئاخىرقى ھوسۇل «سان-ساناقسىز» بولىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئېغىر ئازاب تارتقانلىقى «خۇدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەر تامچە ياشنى سۈرتىدۇ» دېگەن ئىشتىن كۆرۈنىدۇ. «بۇلار دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلەر» دېگەن جۈملىدىنمۇ كۆرۈنىدۇكى، ئۇلاردىن كۆپ قىسمى ئۇ ۋاقىتتا خۇدانىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن. مۇشۇ سورۇندا ئۇلار «تىرىلگەن يېڭى تەنلىرى»دە بولۇپ، «تەختنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ» - شۇڭا بىز مۇشۇ سورۇننى «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىن كېيىن بولىدۇ، شۇ مەزگىلنىڭ بىر نەتىجىسى (خۇدا ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم نەتىجە)نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز.

«دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ بۇ ئىككىنچى يېرىمى زور زىيانكەشلىك ۋە ئېتىقادچىلار قۇربان بولغان مەزگىل ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن كۆرۈنىدۇ، يەنى:

(1) يۇقىرىدىكى 11:6-ئايەتتىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىن؛ (2) رەببىمىزنىڭ «مات.» 9:24-13دە خاتىرىلەنگەن، شۇ چاغدىكى زىيانكەشلىكنىڭ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە بولغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىرىدىن؛ (3) «ۋەھيي»دە كېيىن كۆرۈنگەن دىۋىنىڭ ئىنسانلارغا ئۆز بەلگىسىنى قوبۇل قىلىشقا ئىشلەتكەن بېسىمىدىن (ئادەملەر قوبۇل قىلمىسا بارلىق ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ)؛ (4) 27:12دە، «ئەجدىھا»نىڭ ئىسرائىلدىكى «قالدى»غا تىگەلمەيدىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىنكى غەزىپىنىڭ نەتىجىسىدىن؛ (5) «دان.» 7:21-22دە ۋە كېيىنكى ئايەتلەردە خاتىرىلەنگەن، «دەججال» توغرۇلۇق ۋەھىيلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ.

## 8-9-بابلار ــ «يەتتە كاناي»

3:8 يەتتە كانايىنىڭ چېلىنىشى بولسا «ئالتۇن خۇشبۇيدان»نى تۇتقان پەرىشتىنىڭ خۇشبۇيىنى «مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ دۇئالىرى»غا قوشۇپ سۇنۇشى بىلەن باغلىق بولىدۇ. بۇ دۇئالار بەلكىم 10:6دە كۆرسىتىلگەن «قۇربانگاھ ئاستىدىكى مۇقەددەس بەندىلەر»نىڭ دۇئالىرىغا ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ــــ ئىككى جايدا كۆرسىتىلگەن دۇئالارنىڭ نەتىجىسى ئوخشاشلا خۇدانىڭ جازالىرىنىڭ تۆكۈلۈشى بولىدۇ. خۇدانىڭ جازاسى چۈشسۇن، دېگەن بىر دۇئا «يېڭى ئەھدە»گە مۇۋاپىق دۇئامۇ؟ بىزگە «دۈشمەنلىرىڭنى سۆيگىن، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىل» دەپ ئەمر قىلىنغان ئەمەسمۇ؟ بىراق خۇدانىڭ «چوڭ سەۋرى» بولسا «چەكسىز سەۋر» ئەمەس. خۇدانىڭ ئاسىيلىق قىلغۇچى ئىنسانىيەتكە كۆرسەتكەن ئۇزۇن سەۋر-تاقىتى بىر كۈن بولمىسا باشقا بىر كۈن چېكىگە يېتىدۇ. ئاشۇ ۋاقىتلاردا خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق بولغان دۇئا بولسا ئاخىردا ئىنسانلاردىكى ئاسىيلىقلارنىڭ جازالىرىنى تىلەيدىغان دۇئا بولىدۇ.

ھېچبولمىغاندا پەرىشتىلەرنىڭ كانايىنى چېلىشلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تۆكۈلگەن جازالار (بۇ جازالار «مەڭگۈلۈك جازالار» ئەمەس، بەلكى يەنىلا «تەربىيىلەش جازالىرى ھېسابلىنىدۇ) قۇربانگاھدىكى دۇئالار تەرىپىدىن باشلانغان بولسا كېرەك. 9:6-11دىكى «5-پېچەت» ۋاقتىدا، مۆمىن بەندىلەرگە، قىساس ۋاقتى كەلمىدى، كۈتۈش كېرەك دېيىلىدۇ. مۇشۇ ئايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ كۈتۈش ۋاقتى ھازىر توشتى - دېمەك، خۇدانىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان مۆمىن بەندىلىرىنىڭ سانى توشقان بولۇپ، ئېغىر زىيانكەشلىك ۋاقتى

ئاخىرلاشتى، ئەمدى خۇدانىڭ جازالىرى بارغانسېرى ئېغىرلاشقان ھالدا چۈشىدۇ. شۇڭا بىز بۇ «يەتتە كاناي»نىڭ ۋاقتى «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ يەتتە يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا كېلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز. مۇشۇ يەردە «كانايلار»نى تەپسىلىي تەھلىل قىلماي، پەقەت مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر توغرۇلۇق چۈشەنچىمىزنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز: ــــ

«كانايلار» خۇشبۇيداندىكى چوغلار يەر يۈزىگە تاشلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ ــــ نەتىجىدە «ئاۋازلار، گۈلدۈرمامىلار، چاقماقلار ۋە يەر تەۋرەش» بولىدۇ. بۇ ئىشلار بەلكىم كانايلاردىكى ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ باشلىنىشىمۇ بولۇشى مۇمكىن («دان.» 9:24-27دىكى ئىزاھاتلارنى ۋە ««دانىيال»دىن ئالغان ساۋاقلار»دا «يەتمىش يەتتە» توغرۇلۇق ئىزاھلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ). «يەتتە كاناي»نىڭ «يەتتە پېچەت»نىڭ ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئەگىشىپ كەلمەيدىغانلىقىغا ئىسپات كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىز پەقەت ئۈچىنچى كانايىنىڭ نەتىجىسى «ئاسماندىن چۈشىدىغان، سۇلارنى ئاچچىق قىلىدىغان «كەكرە» ئىسسىقلىك يۇلتۇز» بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىمىز. بۇ ئىش چوقۇم ئالتىنچى پېچەتتىن ئىلگىرى بولىدۇ، چۈنكى شۇ پېچەت ئېچىلغاندا «ئاسماندىن بارلىق يۇلتۇزلار چۈشىدۇ».

قىزىق بىر ئىش شۇكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئېتىقادچىلار «چېرنوبىل يادرو ئىستانسىسىدىكى ۋەقە»نى «كەكرە» دېگەن يۇلتۇز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ بېشارەتنىڭ بىر ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى» دەپ قارايتتى. ئۇكرائىن تىلىدا «چېرنوبىل»نىڭ مەنىسى «كەكرە» دېگەن مەنىدە. يۇقىرىدا بايقىغىنىمىزدەك، نۇرغۇن بېشارەتلەرنىڭ «تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش»ىدىن بۇرۇن دائىم «كىچىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش»لىرى بولىدۇ.

تۆتىنچى كانايمۇ (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قاراڭغۇلىشىدۇ) ئالتىنچى پېچەتتىن ئىلگىرى بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئالتىنچى پېچەتتە «كۈن تولۇق قاراڭغۇلۇشىدۇ، ئاي قانغا ئايلىنىدۇ، يۇلتۇزلار ئاسماندىن چۈشىدۇ».

مۇقەددەس كىتابتا 7 نەرسە ياكى ۋەقە بەزىدە «3+4» (تۆت قوشۇلغان ئۈچ) شەكلىدە بۆلۈنۈپ بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «پېچەتلەر»نىڭ ئالدىنقى تۆتىدە «تۆت ئاتلىق»، كېيىنكى ئۈچىدە «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» بايان قىلىنىدۇ. كانايلارمۇ شۇنداق. ئاخىرقى ئۈچ كاناي «ئۈچ ۋاي»مۇ دەپ جاكارلىنىدۇ. كېيىنكى ئازابلار تېخىمۇ ئېغىر

دەرىجىدە بولىدۇ (ئىبرانىي تىلىدا «ۋاي»نىڭ ئاساسىي مەنىسى «لەنەت ئوقۇلغان» ياكى «قارغالغان» بولىدۇ).

بەشىنچى كاناي ــــ بىرىنچى «ۋاي». باشقا بىر يۇلتۇز ئاسماندىن يەرگە چۈشىدۇ. يۇلتۇزنىڭ مەلۇم شەخس ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ (4:12، «زەب.» 3:147، «ئايۇپ» 7:38دە يۇلتۇزلار پەرىشتىلەر ياكى پەرىشتىلىك كۈچكە باغلىق كۆرۈنىدۇ). «ھالاكەت» ئىسىملىك پەرىشتە پەيدا بولىدۇ، ئۇ بەلكىم قاراڭغۇلۇقتىقى تەۋە پەرىشتىدۇر. چېكەتكىدەك جانىۋارلار ھاڭدىن چىقىدۇ، ئۇلار ھاشارەت شەكلىدىكى جىنلارمۇ؟ ئۇلارغا ھەرقانداق يېشىل نەرسىگە زىيان يەتكۈزۈش چەكلىنىدۇ. 1-كانايدا بارلىق يېشىللىق كۆيىدۇ؛ شۇڭا مۇشۇ يەردە يېشىللىق قايتىدىن ئۆسۈشكە باشلىدى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش كېرەك.

شۇ ئايەتلەردىن يەنە بايقايمىزكى، بارلىق جىنلار ياكى ناپاك روھلار ھازىر يەر يۈزىدە يۈرمەيدۇ؛ بەزىلىرى ھازىرچە سولانغان ھالدا تۇرىدۇ.

ئالتىنچى كاناي ــــ ئىككىنچى «ۋاي». 12-ئايەتتە يەنە تەكىتلىنىدۇ.

200 مىليون كىشىلىك قوشۇن. ئۇلار كىملەر؟ بەزىلەر ئۇلارنى جوڭگو ياكى ھىندىستاننىڭ قوشۇنى دەپ قارايدۇ؛ بىراق ئۇلارنىڭ قىياپىتىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ قوشۇنى ئەمەس، بەلكى شەرقتىن چىققان بىرخىل «جىنلىق ۋابا» بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئېلىپ كېلىدىغان ۋابادىن كۆرىمىزكى، ئىنسانىيەتنىڭ كۆپى «بارسا كەلمەس» ھالغا، يەنى توۋا قىلمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن؛ گەرچە ۋابانىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا توۋا قىلمايدۇ (9:20-21).

(شۇنى دەپ ئۆتىمىزكى، تەۋرات ۋە ۋەھيىدىكى كۆپ بېشارەتلەردە تىلغا ئېلىنغان قوراللار زامانىۋىي قوراللار ئەمەس، بەلكى قەدىمكى قوراللاردۇر. بىز جەزم قىلالمىساقمۇ، ئاخىرقى زاماندىكى ۋابالاردىن بىرى «يەن-تېخنىكىلىق» ئۇرۇشنى چەكلىيەلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمىز. (ئەمەلىيەتتە ماتورلاردەك تۇرلۇك ئاددىي ئېلېكتر يولىرى، جۈملىدىن بارلىق كومپيۇتېرلار بىرلا ماگنېتلىق زەربە دولقۇنىدا ئاسانلا كاردىن چىقىرىلىدۇ. ئۇنداق زەربە دولقۇنى يادرو پارتلاشتىن، قۇياشنىڭ «پارتلاش يالقۇنى»دىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن).

مۇشۇ ئايەتلەردىنمۇ ئىنسانىيەتنىڭ قالغان قىسمىنىڭ يەنىلا جىنلارغا ياكى ئالتۇن، تۆچ ياكى تاشتىن ياسالغان بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باغلانغانلىقى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. روسۇل

پاۋلۇسنىڭ دېگىنىدەك «كىشىلەر خۇدانى بىلىشنى رەت قىلسا، خۇدا ئۇلارنى تۇرلۇك ئەخمەقلىققا تاپشۇرىدۇ» («رىم.» 1:19-32، ۋە «2تېس» 2:7-12نى كۆرۈڭ). ئەگەر بۇ مەزگىل «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ ئىككىنچى يېرىمى بولغاندا، بۇنداق بۇتپەرەسلىك (بەلكىم بابلىنىڭ تەسىرى بىلەن، 17-18-بابلارنى كۆرۈڭ) دېگەن بولغان چوقۇنۇش بىلەن تەڭ بولۇشى مۇمكىن.

ئالتىنچى كانايدىكى ئەفرات دەرياسىدا باغلانغان «تۆت پەرىشتە»نىڭ بوشىتىلىشى (كېيىن 16-بابتىمۇ تەسۋىرلەنگەندەك) شەرقتىن كېلىپ ئەفرات دەرياسىدىن ئۆتىدىغان قوشۇن بىلەن باغلىقتۇر.

## 10-باب ــ يەتتىنچى كانايىنىڭ چېلىنىشىغا ھازىرلىنىش ــ يۇھاننىغا تاپشۇرۇلىدىغان «كىچىك ئورام يازما»

«خۇدانىڭ سىرى تامام بولۇپ ئەمەلگە ئېشىشى»نىڭ ئالدىدا، يەتتىنچى كانايىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىغا (7-ئايەت) ئاز قالغاندا يۇھاننىغا كىچىك بىر ئورام يازما تاپشۇرۇلىدۇ؛ ئۇ بۇنى يېيىشى كېرەك ئىدى (11-ئايەت). شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «سەن يەنە كۆپ مىللەتلەر، ئەللەر ۋە ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغانلار ۋە پادىشاھلار توغرىسىدىكى ۋەھيي-بېشارەتلەرنى يەنە جاكارلىشىڭ لازىم» دېيىلىدۇ. بۇ بېشارەتلەر (11-18-بابلار) ئۆتمۈشتىكى بەزى ئىشلار ۋە 19-بابقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتلار توغرۇلۇق جامائەتكە زۆرۈر بولغان باشقا ۋەھيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت 19-بابتىلا «خۇدانىڭ سىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان» ئاخىرقى ئەۋجگە چىققان سورۇن بىزگە ئايان قىلىنىدۇ.

## 11-باب، 1-ئايەت

يۇھاننىغا ئۆلچەم ھاسىسى تاپشۇرۇلۇشىنىڭ مەقسىتى (ئەزاكىيال پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغاندەك، «ئەزاكىيال» 40-باب): «بارغىن، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى، قۇربانگاھى ۋە ئۇ يەردە ئىبادەت قىلغۇچىلارنى ئۆلچىگىن». مۇشۇ سۆزلەرگە قارىغاندا «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» ۋاقتىدا يېرۇسالېمدا يەنە بىر جىسمانىي ئىبادەتخانا

ۋە قۇربانگاھ قۇرۇلۇشى مۇمكىن (ۋەھىي بېرىلگەن ۋاقىتدا يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانا ئاللىقاچان رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن مىلادىيە 70-يىلى ئاساسەن ۋەيران قىلىنغانىدى). يەنە كېلىپ كۆزدە تۇتۇلغان بېشارەتتىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى بۆلۈمىگە كىرگەنلەر خۇداغا سادىق بولىدىغانلاردىن بولسا كېرەك. يۇھاننا ئۇلارنى ئۆلچىدىمۇ؟ ئۆلچىدى، دەپ ئويلايمىز، لېكىن ئۇزۇنلۇق-كەڭلىكى بىزگە ئېيتىلمايدۇ. نېمىشقا؟ ۋە نېمىشقا «ئىبادەتخانىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىنى (بۆلغانغانلىقى تۈپەيلىدىن) ئۆلچىمەي قوي» دېيىلىدۇ؟ بۇ ئىش بەلكىم خۇدانىڭ يېرۇسالېمدا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان شۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىنى دەسلەپتە قوغدايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ھېچبولمىغاندا روھىي دۈشمىنىمىز بىزنىڭ خۇداغا ئىبادەت قىلىشتىكى سىرتقى ئىپادىلىرىمىزنى بەزى ۋاقىتلاردا چەكلىيەلىسىمۇ، خۇدا ئىچكى دۇنيايىمىزدا ئۆزىگە ئۆتكۈزۈلىۋاتقان ئىبادىتىمىزگە ھېچقاچان ھېچكىمنىڭ چەك قويۇشىغا يول قويمايدۇ.

بۇ يېڭى ئىبادەتخانا توغرۇلۇق «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىن نەقىل كەلتۈرىمىز: — «ئىسرائىلىيەدە تۇرۇۋاتقان يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئاز دېگەندە 1950-يىللاردىن بېرى يېڭى بىر ئىبادەتخانىنى قايتىدىن قۇرۇش چېرتيوژى ۋە ئىبادەتخانىنىڭ ئەسلىدىكى يېرىدە قايتىدىن قۇربانلىقنى قىلىش پىلانى بولۇپ كەلگەن. ئاڭلىشىمىزچە ئۇلار قۇرماقچى بولغان ئىبادەتخانىنىڭ چېرتيوژى ئەزاكىيالنىڭ 40-44-بابلىرىغا ئاساسلانغان. لېكىن زىئون تېغىنىڭ (تاغنىڭ بوگۈنكى تۈزۈلۈشىگە قارىغاندا) ئەزاكىيال كۆرگەن ئىبادەتخانىنى قۇرغۇدەك يېرى يوق، ۋە قۇرۇلۇشقا باشقا توسالغۇلار بار. لېكىن ئىشىنىمىزكى، ئۇلار بىر ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ. چۈنكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا، دەججالنىڭ ئاخىرقى زاماندا «ئىبادەتخانىنى ئىگىلىۋېلىشى» ۋە شۇ يەردە ئۆزىنى يېرگىنچلىك مەبۇدىنى تىكلىشى توغرۇلۇق بېشارەتلەر بار («دان.» 27:9، 11:12، «مات.» 25:24، «2تېس» 1:2-11نى كۆرۈڭ).

بۇ ئىبادەتخانا بەلكىم دەججالنىڭ قولى بىلەن ۋەيران بولىدۇ؛ ئەيسا مەسىھ دۇنياغا قايتىپ كەلگەندە يەر يۈزى ئۈستىگە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرۈشى («ۋەھ.» 1:20-7)نىڭ دەسلىپىدە ئەزاكىيال كۆرگەن بۇ يېڭى ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ دەپ ئىشىنىمىز».

بىراق مۇشۇ يەردە: «يېرۇسالېمدا ئۈچىنچى بىر «ئىبادەتخانا» قۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىقمۇ؟» دېگەندەك مۇھىم سوئاللارنى قويۇشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى

ئىنجىلدا بىزگە تاپشۇرۇلغان ئىنىق تەلىملەر بويىچە، خۇدا «ئىنسان قوللىرى بىلەن ياسىغان ئىبادەتخانىلار»نى تاشلاپ، ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغان ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان دۇنياۋى جامائەتنى «تىرىك، ھەقىقىي ئىبادەتخانا»سى قىلىپ، ئۆز شان-شەرىپىنى ئۇنىڭغا ئامانەت قىلغان. ھالبۇكى، ئۇنىڭ قەدىمكى خەلقى بولغان يەھۇدىيلار (خۇدانى بىلمىگەن ھالدا) ئۇنىڭغا يېڭى بىر ئىبادەتخانا قۇرۇپ، ئۇ يەردە قايتىدىن قۇربانلىقلارنى سۇنۇشقا باشلىسا ئىش قانداق بولىدۇ؟ ئېنىقكى، ئىبادەتخانا ۋەيران بولغان ۋاقىتتا، يېرۇسالېمدا ھېچ ئىبادەتخانا بار ئەمەس. بۇ ئىبادەتخانا ھەم بۇتپەرەس بولغان، چىركىنلىشىپ كەتكەن رەزىل پادىشاھ ھېرود تەرىپىدىن قۇرۇلغان، شۇنداقلا ئۆز خىيالى بويىچە ئىنجىل قىلغان بەزى نەرسىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، ئەيسا يەنىلا ئۇنى «خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى» دېگەن نام بىلەن ئېتىراپ قىلدى. مەسىلەن، ئۇ: «خۇدا، «مېنىڭ ئۆيۈم بارلىق ئەللەر ئۈچۈن دۇئاخانا بولىدۇ»، دېدى» دەپ، خاننىنى ئۆز پۇلپەرەسلىكى بىلەن بۇلغىغانلارنى ئەيىبلىدى («مار.» 11:17). ئېنىقكى، يەھۇدىي خەلقى كەلگۈسىدە ئوخشاش يولدا، يەنى خۇدانى تونۇمىغان ۋە ئۇنىڭ ئەمرىسىز ھالدا شۇ ئۈچىنچى ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبادەتخانا ئۇنىڭ نامى بىلەن چېتىشلىق بولىدۇ ۋە دەل شۇ سەۋەبتىن «دەججال» (دېمەك، «مەسىھنىڭ رەقىبى») ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسى قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نى (ئادەملەرنى ئۆزىگە چوقۇندۇرغۇدەك نامەلۇم بىر نەرسە ياكى ئىشنى) سالىدۇ. شۇنداق بىر يول بىلەن دېمەك ئۆزىنى خۇدانىڭ ئورنىغا قويماقچى بولىدۇ («دان.» 27:9، 11:12، «مات.» 15:24، «2تېس» 1:2-11). بىزنىڭچە دەل مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ ئۆز نامى دۇنيادىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىبادەتخانا بىلەن باغلىق بولغاچقا، خۇدا بۇ خاننىنى «مېنىڭكى» دەيدۇ ۋە ئاخىر بېرىپ ئۇنى بۇلغىغانلارنى قاتتىق جازالايدۇ.

2-ئايەتتە خاننىڭ سىرتقى ھويلىسى «يات ئەللەرگە 42 ئايغىچە تاپشۇرۇلغان» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزلەر يەنە رەببىمىزنىڭ: ««ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» «مۇقەددەس بىر جاي»دا تۇرىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى بىزگە ئەسلىتىدۇ («ماتتا» 24-بابتا). مۇشۇ يەرگىچە بۇ «ۋەيرانچىلىق» پەقەت «سىرتقى ھويلىدا» بولىدۇ؛ لېكىن روسۇل پاۋلۇس بىزگە: ««گۇناھىي ئادەم» (دەججال، دېمەك) ... خۇدا دەپ ئاتالغانغا ياكى كىشىلەر چوقۇنىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەرگە قارشى چىقىپ، ئۆزىنى ھەممىسىدىن ئۈستۈن قىلىپ كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ

شۇنداق قىلىپ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا (ئۇنىڭ «مۇقەددەس جايى»دا) ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى خۇدا دەپ كۆرسىتىپ جاكارلايدۇ» دەپ تەلىم بېرىدۇ. بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، دەججال «نومۇسسىزلىق»نى ئاۋۋال «سىرتقى ھويلا»غا، ئاندىن ئاخىرىدا ئىچكى «مۇقەددەس جاي»غا سېلىشى مۇمكىن. دەججالنىڭ باشقا نەچچە ئىشلىرى 12-13-بابلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

3-6-ئايەتتە، تۇۋا قىلىش كېرەكلىكىنى جاكارلايدىغان بۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ قابىلىيەتلىرى مۇسا ۋە ئىلياس پەيغەمبەرلەرنىڭكى بىلەن ئوخشىشىدىغان بولغاچقا، بەزى ئالىملار ئۇلارنى دەل شۇ ئىككى پەيغەمبەر دەپ قارايدۇ. تەۋراتتىكى بېشارەتلەرگە ۋە رەببىمىزنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا («مات.» 11:17-12، «مار.» 11:9-12) ئىلياس پەيغەمبەر قايتىپ كېلىشى مۇقەررەر. ئۇلار «پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ رەببى» ئالدىدا تۇرىدىغان «ئىككى زەيتۇن دەرىخى» بولىدۇ. ھاگاي ۋە زەكەرىيا پەيغەمبەرلەر ئۆز دەۋرىدە شۇنداق ئىدى («زەك.» 1:4-7) (مۇشۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، تەۋراتتا، «پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ رەببى» دېيىلگەن بولسا، خۇدانىڭ گۇۋاھلىقى ئىسرائىل زېمىنىدا بار بولىدۇ. ئەكسىچە، خۇدا «ئەرشتىكى خۇدا» دېيىلگەندە، خۇدانىڭ گۇۋاھلىقى ئىسرائىل زېمىنىدىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى، زېمىنىدىن سىرتىدا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 13-ئايەتنى كۆرۈڭ).

بۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ سۇلارنى بويسۇندۇرىدىغان قۇدرىتى بار، شۇڭا ئۇلار يۇرگۈزىدىغان جازالار دېڭىزغا زىيان يەتكۈزىدىغان «ئىككىنچى كاناي» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن؛ «سۇلار» دېگەن سۆز 10:8دە دېڭىزنى ئەمەس، بەلكى دەريا-بۇلاقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ لېكىن «سۇلار» بۇلغانغان بولسا، ئۇلار دېڭىزغا ئېقىپ چۈشۈپ ئۇنىمۇ بۇلغىشى مۇمكىن.

13-ئايەتتە كۆرسىتىلگەن يەر تەۋرەش «يەتتىنچى كاناي» ياكى «يەتتىنچى چىنە»گە باغلىق «قاتتىق يەر تەۋرەش» ئەمەس (18:16).

15-ئايەتتە «يەتتىنچى كاناي چېلىنىدۇ» - قايتىلايمىزكى، «يەتتىنچى كاناي» زامانىنىڭ ئاخىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا 15-19-ئايەتلەر ئىسپات بېرىدۇ، چۈنكى «دۇنيانىڭ

پادىشاھلىقى پەرۋەردىگارىمىز ۋە ئۇنىڭ مەسىھىنىڭ پادىشاھلىقى بولدى، ئۇ ئەبەدىل-ئەبەدكىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ» (19:6نىمۇ كۆرۈڭ).

19-ئايەتتە خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ئېچىلىدۇ (ئۇ ئىبادەتخانا ئەرشتە، يەردە ئەمەس، 5:7، 15:14-17، 5:15-6، 1:16، 17نىمۇ كۆرۈڭ)؛ «ئەھدىسىنىڭ ساندۇقى»، يەنى ئۆز ھۇزۇرى ئولتۇرغان جايى كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىشلارنى دەل رەب ئۆزى يەر يۈزىگە قايتىپ كېلەي دېگەن ۋاقىتتىكى ئالامەتلەر، دەپ قارايمىز. «يەتتىنچى چىنە» بىلەن باغلىق ئىشلار بۇلارغا ئوخشاشتۇر (17:16-21).

شۇڭا «يەتتىنچى كاناي»دىكى ئاخىرقى ئىشلاردىكى ۋاقىت دەل «ئالتىنچى پېچەت»تىكى ئاخىرقى ئىشلاردىكى ۋاقىتتۇر، يەنى «ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك غەزىپى كەلگەن كۈنى»گە ئوخشاش ۋاقىتتۇر. «يەتتىنچى چىنە»دىكى ئىشلارنىڭ ئاخىرىمۇ ئوخشاش شۇ ۋاقىت بولسا كېرەك (17:16-21).

## 12-14-بابلار

مۇشۇ بابلاردا ئالەمنىڭ ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ مەسىھنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشىگىچە ئارىلىقتىكى تارىخنىڭ بەزى سىرلىرىنى بىزگە ئاشكارە قىلىنىدۇ. بۇ سىرلار «ۋەھيي»دە ئاللىقاچان كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئاخىرقى زامانىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. بۇ بابلاردىمۇ دانىيال پەيغەمبەر ۋە رەببىمىز ئۆزى ئېيتقان ئاشۇ «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق خېلى كۆپ مەلۇماتلار تەمىنلىنىدۇ.

1-ئايەت —— ئەرشتە كۆرۈنگەن ئايال —— بىرىنچىچە بۇ ئايال «ھەقىقىي ئىسرائىل» - يەنى «قالدى»نى بىلدۈرىدۇ. ئۇ «ئوغۇل بالا»نى تۇغىدۇ. كېيىن «ئوغۇل بالا» توغرۇلۇق «ئەللەرنى تۆمۈر ھاسا بىلەن باشقۇرىدۇ» دېيىلگەچكە، ئۇ چوقۇم ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر («زەب.» 2-كۈي). شۇڭا ئايال مەسىھنى تۇغقاچقا، «جامائەت» بولالمايدۇ، بەلكى ئىسرائىل بولسا كېرەك.

2-6-ئايەتلەر —— بۇ ئايەتلەردە ئالەم ئاپىرىدە بولغان ۋاقىتتىكى بىر ۋەقە —— شەيتاننىڭ ئەسلىدىكى ئەرشتە خۇداغا قارشى كۆتۈرگەن ئىسيانى كۆرسىتىلىدۇ. ئايەتلەرگە قارىغاندا

ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزى بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى يەر يۈزىگە تارتىپ ئەكىلىۋالغانىدى. بۇ ئايەتلەردىن يەنە، ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ «ئارقا كۆرۈنۈشى»نىمۇ كۆرىمىز. ھىرود پادىشاھ ئەيسانى ئۆلتۈرمەكچى بولغان چاغلاردا ئەسلىدە شەيتاننىڭ قورالى ئىدى. كېيىن، «ئوغۇل بالا» خۇدانىڭ يېنىغا كۆتۈرۈلىدۇ - بۇنى ئەيسانىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى، دەپ قارايمىز.

بۇنىڭدىن كېيىن «ئايال» «چۆل-باياۋان»غا قاچىدۇ، شۇ يەردە 1260 كۈن (ئۈچ يېرىم يىل) ئالاھىدە قوغدىلىدۇ. بۇ ۋاقىت «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ بىرىنچى يېرىمىمۇ؟ — تۆۋەندىكى سۆھبىتىمىزنى كۆرۈڭ. بۇ قىياس توغرا بولسا ئەمدى رەببىمىزنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى (ئىسرائىل تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغاندىن كېيىن) ۋە «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ باشلىنىشى (ئىسرائىلدىكى «قالدى» قايتىدىن خۇدانىڭ ئالاھىدە باشپاناھى ئاستىغا كىرىدىغان ۋاقىت) ئارىلىقىدىكى ۋاقىت «مەۋجۇت بولمىغاندەك» ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ. دانىيال پەيغەمبەر ئالدىنئالا ئېيتقان «يەتمىش ھەسسە يەتتە ۋاقىت» ئىچىدىكى «69 يەتتە ۋاقىت» رەببىمىزنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بىلەن توگەپ، «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» («يەتمىش ھەسسە يەتتە» ئىچىدىكى ئاخىرقى «يەتتە ۋاقىت») بىلەن قايتىدىن باشلىنىدىغان بولسا، بۇ دەل كۈتكۈنىمىزدەك بولمامدۇ؟ ھازىر بىز قايتىدىن دانىيالنىڭ شۇ بېشارىتىگە قارايلى: —

«بۇ ئاتمىش ئىككى «يەتتە ۋاقىت» (69=62+7) مەزگىلى ئۆتكەندىن كېيىن مەسىھ ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ھېچنەرسە قالمايدۇ. كەلگۈسىدە بولىدىغان ئەمىرنىڭ (رىمنىڭ ئەمىرىنىڭ) خەلقى بۇ شەھەر بىلەن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى گۇمران قىلىدۇ. بۇ ئاقىۋەت كەلكۈندەك بېسىپ كېلىدۇ؛ ئاخىرىغىچە جەڭلەر داۋاملىشىدۇ؛ ئۇ يەردە بولىدىغان ۋەيرانچىلىقلار بېكىتىلگەندۇر» («دان.» 26:9)

مۇشۇ يەردە يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ۋە يېرۇسالېم شەھىرىگە، شۇنداقلا يەھۇدىي خەلقىنىڭ بېشىغا كېيىن چۈشىدىغان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئالدىنئالا ئېيتىلىدۇ. ئاندىن بىز بىراقلا سەكرەپ «يەتمىشىنچى يەتتە ۋاقىت»قا ئۆتىمىز. شۇ ۋاقىتتا «كەلگۈسىدە بولىدىغان ئەمىر» يەنە پەيدا بولۇپ يەھۇدىي خەلقى بىلەن بىر ئەھدە تۈزىدۇ. بۇ ئەھدە ئۇلارنىڭ بىختەرلىكىگە، شۇنداقلا يېڭىدىن قۇرغان ئىبادەتخانىدا ئىبادەت قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەت بېرىشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمىز: —

«ئۇ ئەمر خۇدانىڭ خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ئاخىرقى بىر «يەتتە ۋاقىت»تا دوستلۇق ئەھدىنامىسى تۈزىدۇ، لېكىن بۇ «يەتتە ۋاقىت»نىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئۇ ئىبادەتخانىدىكى قۇربانلىق ۋە ئاش ھەدىيەلەرنى سۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئۇ چاغدا ۋەيران قىلغۇچى «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا قويۇلىدۇ. تاكى بالايىئاپەت، يەنى خۇدا بېكىتكەن كۈلپەت ۋەيران قىلغۇچىنىڭ بېشىغا ياغدۇرۇلغۇچە شۇ يەردە تۇرىدۇ» (27:9)

تەھلىلىمىز توغرا بولسا «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ يەتتە يىلى دەل مۇشۇ ئەھدىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ئەھدە «خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى» بىلەن تۈزۈلىدۇ دېمەك، ئۇنىڭغا قوشۇلمايدىغان ئاز بىر قىسمى باردۇر. شۇنىڭ بىلەن «ئايال» بەلكىم مۇشۇ چۆل-باياۋانغا قېچىپ 1260 كۈن تۇرغان، دەججالنىڭ ئەھدىسىگە ئەسلا قوشۇلمىغان «قالدى» بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ئىشقا ۋە 13-16-ئايەتلەردىكى بېشارەتلەرگە قارىغاندا، ئىسرائىلدىن بولغان «قالدى» ۋەتىنىدىن قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ، لېكىن شۇنداق قىلسا، خۇدانىڭ باشپاناھلىقى ئاستىدا قالالايدۇ. دەججالنىڭ ئەھدىسىدە يوشۇرۇن بىر شەرت بولۇشى مۇمكىنكى، مەسىھكە ئەگەشكەن يەھۇدىيلەرنىڭ ئىسرائىل زېمىنىدا تۇرۇشىغا رۇخسەت بولمايدۇ. قىزىق بىر ئىش شۇكى، ھازىر ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ئۆز زېمىنىغا ئولتۇراقلاشماقچى بولغانلارغا دەل مۇشۇنداق شەرت قويىدۇ. دۈشمەنىنىڭ مەقستى ئۇلارنى يوقىتىش بولسىمۇ، ئۇلار خۇدا تەرىپىدىن ئالاھىدە قوغدىلىدۇ. قاچقانلارنىڭ مەخسۇس بىر جايغا قاچىدىغانلىقى (مىلادىيە 70-يىلى يەھۇدىي ئېتىقادچىلار ئىئوردانىيەدىكى «پەللە» شەھرىگە قاچتى ۋە شۇنىڭدەك بىخەتەر بولدى) ياكى يەھۇدىي ئەمەس ئېتىقادچىلار بىلەن يوشۇرۇندىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس.

ئەمدى 14:7 ۋە 1:14دە ئېيتىلغان 144000 مۇشۇ «خۇدانىڭ قالدىسى» ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىمۇ؟ بۇنىڭغا بىز تېخى جاۋاب تاپالمىدۇق.

شەيتان «ئايال»غا تېگەلمەي قىلىپ دەرغەزەپ بولدى ۋە «ئۇنىڭ (ئايالنىڭ) قالغان نەسلى، يەنى خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئەيسانىڭ گۇۋاھلىقىنى تۇتقان پەرزەنتلىرى بىلەن جەڭ قىلغىلى كەتتى». «ئۇنىڭ قالغان نەسلى» بولسا دەل يەھۇدىي ئەمەس بولغان جامائەتلەر، دەپ قارايمىز. شۇنىڭ

بىلەن «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ بىرىنچى يېرىمىنىڭ بېشىدىمۇ جامائەتكە قارشى زور بىر زىيانكەشلىك كۆتۈرۈلىدۇ.

7-9-ئايەتلەردە يۇقىرىدىكى ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئەرشتىكى ئۇرۇش» تەسۋىرلىنىدۇ. مىكائىل ۋە پەرىشتىلىرى ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلىدۇ، شەيتان يەرگە تاشلىنىدۇ. گەرچە شەيتان غەزىپى تۆپەيلىدىن يەر يۈزىدىكىلەرگە «ۋاي» دېگەن بولسىمۇ، ئەرشنىڭ نەزىرىدە بۇ خۇشاللىق ئىش بولىدى؛ چۈنكى قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى مىراسغا ئېرىشىدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ يەنە دانىيال پەيغەمبەرنىڭ بېشارەتلىرى بىلەن ئېنىق مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز: — «ئۇ چاغدا، قېرىنداشلىرىڭنى «قوغدىغۇچى ئۇلۇغ ئەمىر» مىكائىل مەيدانغا چىقىدۇ. بىر ئازابلىق مەزگىل بولىدۇ؛ يۇرت-دۆلەت بارلىققا كەلگەندىن بويان، شۇنداق چوڭ بالايىئاپەتلىك ۋاقىت بولۇپ باقمىغان. بىراق شۇ چاغدا خەلقىڭ قۇتقۇزۇلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نامى ھاياتلىق دەپتىرىگە پۈتۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ» («دان.» 12:1،2).

## 13-باب، 1-7-ئايەتلەر

13-بابتىكى ئىزاھاتىمىزدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ دەل «ئوبرازى ۋە ئوخشاشلىقى» بولغاندەك دىۋە دەل شەيتان («ئەجدىھا»)نىڭ «ئوبرازى ۋە ئوخشاشلىقى»دۇر.

1:17- ۋە 15-دىن ۋە «يەش.» 20:57دىن ئوقۇغىنىمىزدەك، «سۇلار» ياكى «دېڭىز» ئازدۇرۇلۇپ قايماقتۇرۇلغان يەر يۈزىدىكى ئەللەرگە دائىم ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دىۋە مەسىھنى دوراپ ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەتتا «ئۆلۈمدىن تىرىلگەندەك» كۆرۈنىدۇ. دىۋىگە «كۇپۇرلۇق سۆزلەيدىغان بىر ئېغىز» بېرىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە «42 ئاي»غىچە «داۋاملىشىش»قا ھوقۇق بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز شۇنداق قارايمىزكى: — «دان.» 27:9دە ئېيتىلغاندەك دىۋە ئىسرائىل بىلەن ئەھدىسىنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇ چاغدا ئۇ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە ئىبادەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇ يەردە «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نى بەرپا قىلىدۇ.

«ئۇنىڭ مۇقەددەس بەندىلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشىگە يول قويۇلدى. ھەر قەبىلە، ھەر مىللەت، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى» (7:13). شۇنىڭ بىلەن دىۋە پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىگۈدەك ئىمپېراتورى بولىدۇ، ۋە ئوخشاش ۋاقىتتا جامائەتكە تېخىمۇ كۈچلۈك زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ئېتىقادچىلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ چاغدا ئۆلتۈرۈلۈشى مۇمكىن.

بۇنداق ئىشلار «دان.» 7:23-26-ئايەتلەردە ئايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش: ــــ «تۆتىنچى مەخلۇق كەلگۈسى دۇنيادا باش كۆتۈرىدىغان تۆتىنچى پادىشاھلىق بولۇپ، ئۇ باشقا ھەرقانداق پادىشاھلىقلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى يۇتۇپ، پۈتۈن يەر يۈزىنى ئاياق ئاستى قىلىپ، كۇكۇم-تالقان قىلىدۇ. ئون مۈڭگۈز بولسا، بۇ پادىشاھلىقتىن چىقىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئون پادىشاھدۇر. كېيىن يەنە بىر پادىشاھ مەيدانغا چىقىدۇ ئۇ ئىلگىرىكى پادىشاھلارغا ئوخشىمايدۇ؛ ئۇ ئۈچ پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. ئۇ ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغۇچىغا قارشى كۇپۇرلۇق سۆزلەرنى قىلىدۇ ھەمدە ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغۇچىنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنى ھالسىزلاندۇرىدۇ. ئۇ كالېندارنى ۋە ھېيت-ئايەملەرنى ۋە مۇقەددەس قانۇنلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى قەستلەيدۇ. خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى «ئۈچ يېرىم ۋاقىت» (ئۈچ يېرىم يىل) ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

ئاندىن كېيىن خۇدانىڭ سوتى ئېچىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىدارە قىلىش ھوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، مەڭگۈلۈك ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىلىدۇ.»

بۇ ئايەتلەرگە قارىغاندا «دىۋە ئىمپېرىيەسى»نىڭ ئون پادىشاھلىقى «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»لىك مەزگىلنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا «بەرق ئۇرىدۇ»، ۋە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئوچۇق كۇپۇرلۇقى باشلىنىدۇ.

<u>11-17-ئايەتلەردە</u> قوزىغا ئوخشايدىغان ئىككىنچى دىۋە پەيدا بولىدۇ. بۇ دىۋىنىڭ ۋەزىپىسى «بىرىنچى دىۋىنىڭ ھوقۇقىغا ئىگە» بولۇپ، «ساختا پەيغەمبەر» بولۇپ، تۈرلۈك مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ئارقىلىق بارلىق ئىنسانلارنى بىرىنچى دىۋىگە ئىبادەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساختا بىر «ئۈچ بىر گەۋدە» پەيدا بولىدۇ

— خۇدانىڭ ئورنىنى ئالماقچى بولغان ئەجدىھا، ئوغۇلنىڭ ئورنىنى ئالماقچى بولغان، ئەجدىھانىڭ «ئوبرازى» بولغان دىۋە ۋە ئۇلارغا ئىبادەت كەلتۈرمەكچى بولغان، مۇقەددەس روھنىڭ رولىنى دورايدىغان «ساختا پەيغەمبەر» بار بولىدۇ.

«دىۋىنىڭ بۇت-ھەيكىلى» — بىرنىڭچە دەل دانىيال كۆرسەتكەن «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق».

«ئەقىل-پاراستى بارلىكى كىشلەر دىۋىنىڭ رەقىمىنى ھېسابلاپ باقسۇن» - ئەمدى بۇنى قىلىش ئۈچۈن قانداق «ھېكمەت» كېرەك بولىدۇ؟

«ۋەھيي»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن بۇ ھېچقانداق قىيىن ئىش بولمايدۇ. چۈنكى ھەم گرېكلەر ھەم ئىبرانىيلارنىڭ ھېچقانداق ئايرىم رەقەم سىستېمىسى بولمىغاچقا، مەلۇم سانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرپلەرنى ئىشلىتەتتى. بۇنداق سىستېمىدا گرېكچە ئېلىپبەنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ئالفا» بولسا 1نى بىلدۈرەتتى، ئىككىنچى ھەرپ «بېتا» بولسا 2نى بىلدۈرەتتى....

«ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ رەقىمى» ئاددىي پۇقرالار كۆپ يەرلەردە ئۆز ئىسمىدىكى ھەرپلەر بىلدۈرگەن «سان»نى بىر-بىرىگە قوشۇپ، يىغىندىسىنى ئۆز دوستلىرىغا ئېيتىپ بېرەتتى؛ بۇ رەقەم «مەخپىي شىفىر» سۈپىتىدە دوستلار ئارىسىدا ئۆز ئىسمىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. مەسىلەن، ئارخېئولوگلار كولاپ چىققان قەدىمكى شەھەر پومپېيدىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدا مۇنداق پۈتۈكلەر تېپىلىدۇ: «513 132نى سۆيىدۇ». ئۆز ئىسمىنىڭ رەقىمى 513 ئىكەنلىكىنى بىلگەن قىز بۇنداق پۈتۈكنى كۆرسە، دەرھال بارلىق يىگىت تونۇشلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى قىزغىن ھېسابلاشقا كىرىشەتتى!

دەججال پەيدا بولغاندا ئىشىنىمىزكى، ئۇنىڭ ئىسمى ئىبرانيي ياكى گرېك تىلىدا ئىپادىلەنگەن بولسا، 666 دېگەن رەقەم چىقىدۇ. تۆۋەندىكى جەدۋەل بىلەن ئوقۇرمەن بۇنى ئۆزى ھېسابلىيالايدۇ

(يۇنان (گرېك) يېزىقىدىكى ھەرپلەر)

| | | |
|---|---|---|
| α | (ئالفا) alpha | 1 |
| β | (بېتا) beta | 2 |
| γ | (گاامما) gamma | 3 |
| δ | (دەلتا) delta | 4 |
| ε | (ئەپسلون) epsilon | 5 |
| (كونا ھەرپ) | (دىگاامما) (digamma) | 6 |
| ζ | (زېتا) zeta | 7 |
| η | (ئېتا) eta | 8 |
| θ | (فېتا) theta | 9 |
| ι | (ئىئوتا) iota | 10 |
| κ | (كاپپا) kappa | 20 |
| λ | (لامدا) lamda | 30 |
| μ | (مۇ) mu | 40 |
| ν | (نۇ) nu | 50 |
| ξ | (كسى) xi | 60 |
| ο | (ئومىكرون) omicron | 70 |
| π | (پاي) pi | 80 |
| (كونا ھەرپ) | | 90 |
| ρ | (رو) rho | 100 |
| σ, ς | (سىگما) sigma | 200 |
| τ | (تاۋ) tau | 300 |
| υ | (ئۇپسىلون) upsilon | 400 |
| φ | (فاي) phi | 500 |
| χ | (قاي) chi | 600 |
| ψ | (پساي) psi | 700 |
| ω | (ئومېگا) omega | 800 |

(ئىبرانيي تىلىدىكى ھەرپلەر)

| | | |
|---|---|---|
| א | aleph (ئالەف) | 1 |
| ב | beth (بەت) | 2 |
| ג | gimel (گىمەل) | 3 |
| ד | daleth (دالەت) | 4 |
| ה | heh (خې) | 5 |
| ו | waw (ۋاۋ) | 6 |
| ז | zayin (زايىن) | 7 |
| ח | cheth (خەت) | 8 |
| ט | teth (تەت) | 9 |
| י | yod (يود) | 10 |
| כ | kaph (كاف) | 20 |
| ל | lamedh (لامەد) | 30 |
| מ | mem (مەم) | 40 |
| נ، ן | nun (نۇن) | 50 |
| ס | samech (سامەق) | 60 |
| ע | ayin (ئايىن) | 70 |
| פ | peh (پەھ) | 80 |
| צ | tsadde (تساددە) | 90 |
| ק | qoph (كوف) | 100 |
| ר | resh (رەش) | 200 |
| ש | sheen (شېن) | 300 |
| ת | tau (تاۋ) | 400 |

ئوقۇرمەن ئەيسانىڭ نامىنى ھېسابلاپ باقسۇن! گرېك تىلىدا ئۇنىڭ ئىسمى «ιησους» (يېسۇس) بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىلەر مۇنداق رەقەملەرنى بىلدۈرىدۇ: ئىئوتا = 10، ئېتا = 8، سىگما = 200، ئومىكرون = 70، ئۇپسىلون = 400، سىگما (باشقا شەكىلدە) = 200. يىغىندىسى؟ (دىققەت قىلىسىڭىز، مۇقەددەس كىتابتا «8» دېگەن رەقەم كۆپ يەرلەردە «مولچىلىق» ياكى «تىرىلىش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ).

مۇقەددەس يازمىلاردا «7» بولسا ھامان خۇدانىڭ مۇكەممەللىكىنى بىلدۈرىدىغان ياكى ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرسەتكەن ئىشلارغا باغلىنىدۇ.

«6» دېگەن رەقەم بولسا ھامان «ئىنسان» بىلەن باغلىق بولىدۇ. ئادەمئاتىمىز 6-كۈنىدە يارىتىلغان؛ يەنە كېلىپ «6» خۇدانىڭ مۇكەممەللىكىنى بىلدۈرىدىغان «7»دىن كەم بولۇپ، دائىم ئىنساننىڭ ئۆزىگە تايىنىدىغانلىقى ياكى ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كۆتۈرگەنلىكى (تەكەببۇرلۇقى)نى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا «666» دەرۋەقە ئۆزىنى خۇدا قىلماقچى بولغان مەلۇم بىر ئىنساننىڭ ئىسمىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق رەقىمى بولىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، ھازىرقى زاماندىكى «تور» (ئىنتېرنېت)نىڭ ئىپادىسى «www» بولىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «w» «ۋاۋ»، يەنى 6-ھەرپ بولۇپ، «www» ئىبرانىي تىلىدىكى ئىپادىسى «666» بولىدۇ. كەلگۈسىدە «تور» دەججالنىڭ قورالى بولۇپ قالامدۇ قانداق؟ ئىشقىلىپ بۇ رەقەمگە قاراپ ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى «تور»غا بەك ئۇرۇپ كېتىشتىن سەل پەخەس بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايمىز.

## 5-1:14

— 144000 ئىسرائىل خەلقى يەنە پەيدا بولىدۇ. يۇقىرىدا، 4:7 ئۈستىدە توختالغانلىرىمىزنى كۆرۈڭ. ئەگەر «تۈنجى ھوسۇلنىڭ مېۋىسى» دېگەن ئىبارە «دۇنياۋى جامائەتنىڭ دەسلەپكى ئەزالىرى»نى كۆرسەتمىسە، ئۇنداقتا بەلكىم، روسۇل ياقۇپ خېتىدە: «بىزلەر (ئېتىقادچىلار) ئۇنىڭ (خۇدانىڭ) ياراتقان كائىناتتىكى ھوسۇلىنىڭ بىرخىل تۈنجى مېۋىسىدۇرمىز» («ياق.» 18:1) دېگەن ئومۇمىي ھەقىقەتنى كۆرستىشى مۇمكىن (تەۋرات دەۋرىدە ھوسۇلنىڭ تۇنجى مېۋىسى دائىم خۇداغا ئاتىلىشى كېرەك ئىدى). بىز قايتىدىن تۇغۇلغان بولساق، ئەمدى يېڭى ھاياتىمىز «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن»گە كېلىشىمىزدىن ئىلگىرى يەر يۈزىدە «تۈنجى مېۋە»دەك ئۇلارنىڭ ۋەكىلى ۋە ئىسپاتى بولىدۇ.

يەنە بىر ئىمكانىيەت باركى، بۇ 144000 نەپەر ئېتىقادچىلار 1:7دە كۆرسىتىلگەن كىشىلەرگە ئوخشمايدىغان بىر تۈركۈم، يەنى ئىسرائىل ئوتتۇرىسىدىن «دەسلەپتىكى چىققان جامائەت»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار رەبگە بولغان ساپ دىللىق سادىقلىقى ۋە

سۆيگىسى «خۇش خەۋەر»نىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تارقىتىلىشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىلىق تۈرتكە ئىدى. شۇ تەرەپتە دەۋردىن-دەۋرگىچە، پۈتكۈل دۇنيادىكى بارلىق ئېتىقادچىلار ئۇلارنىڭ قەرزدارلارمىز («رىم.» 27:15 كۆرۈڭ). ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان تۆھپىسى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا «پاك ئادەملەر» ۋە «خۇداغا ۋە قوزىغا ھوسۇلنىڭ تۇنجى مېۋىسى» دەپ ئاتىلىشى پۈتۈنلەي لايىق ئەمەسمۇ؟

8-ئايەتتە، ئىككىنچى پەرىشتە: «غۇلىدى! كاتتا شەھەر بابىل غۇلىدى!» دەپ جاكارلايدۇ. بۇ ئىش «يەتتىنچى چىنە»نىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگە ئوخشاش بولىدۇ (16:17-19). بىز 17-باب توغرۇلۇق بايانىمىزدا بۇنىڭ ئۈستىدە توختىلىمىز.

9-ئايەتتە، ئۈچىنچى پەرىشتە كىم دىۋىگە ياكى بۇت-ھەيكىلىگە چوقۇنسا ياكى ئۇنىڭ بەلگىسىنى قوبۇل قىلسا مەڭگۈ قىينىلىدۇ، دەپ جاكارلايدۇ. بۇ خەۋەر «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ (بابىل ئاللىقاچان گۇمران بولغان بولسا، ئۇشبۇ خەۋەر شۇ ۋاقىتتا بولۇشى كېرەك). مۇشۇ خەۋەر چوقۇم بەزى ئادەملەرنىڭ تېخى «دىۋىنىڭ بەلگىسى»نى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا ئىسپات بولىدۇ. ھەتتا بۇ ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئاگاھ ئۇلار ئۈچۈن دىۋىنىڭ ئىبادىتىنى تاشلاپ توۋا قىلىش يولى تېخى ئىمكانىيەت بېرەمدۇ؟ ئاگاھ بولسا «ھازىرقى زامان»دا بىلدۈرۈلىدۇ ــ «كىمدىكىم دىۋىگە ۋە ئۇنىڭ بۇت-ھەيكىلىگە چوقۇنۇۋاتسا، ئۇنىڭ تامغىسىنى پېشانىسىگە ياكى قولىغا قوبۇل قىلىۋاتسا...». بۇ ئۆتكەن زامان»دا ئىپادىلەنگەچكە، ئېيتقان كىشىلەر ئۈچۈن توۋا قىلىش پۇرسىتى بارمىدۇ؟مۇقەددەس كىتابتا خۇدانىڭ ھېچقانداق مۇشۇنداق ئاگاھى بىكار بولمايدۇ ـــ دېمەك، گەرچە كەچۈرۈم قىلىش پۇرسىتى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ھەردائىم بار بولىدۇ (مەسىلەن، يۇنۇس پەيغەمبەر نىنەۋە شەھىرىدىكىلەرگە بەرگەن ئاگاھ). بىز پەقەت جەننەتكە يەتكەندىلا جەزمەن بىلەلەيمىز.

14:14-20دە رەب ئەيسانىڭ قايتىپ كەلگەن يەنە بىر كۆرۈنۈشىنى كۆرىمىز. بۇمۇ بىزگە شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ۋاقىت «يەتتىنچى چىنە»نىڭ ۋاقتىدىن كېيىن بولىدۇ. يۇھاننا «ئىنسانئوغلىغا ئوخشايدىغان» بىرسىنىڭ بۇلۇت ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئورغىقى بىلەن ئورۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئورما ياخشى ئورما، ئىنسانئوغلى مەسىھ ئۆزى شەخسەن ئالىدىغان، يەنى نىجاتقا ئېرىشكەنلەردىن بولغان ئورما دەپ قارايمىز («مات.» 31:24نى كۆرۈڭ ـــ بۇ ۋاقىت دەرۋەقە «زاماننىڭ ئاخىرى»).

كېيىنكى ئورما پەرشتە تەرىپىدىن ئېلىنغان ــــ خۇدانىڭ جازاسىنى تارتىشقا بولغان ئورما. قانىنىڭ كۆپلىككە قارىغاندا، ئۇنداق قىرغىنچىلىق يەر يۈزىدە بولۇپ باقمىغان.

بىزگە ھازىر خۇدانىڭ «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئاخىرقى جازالىرىنىڭ كۆپرەك تەپسىلاتلىرى مەلۇم قىلىنىدۇ. بۇ جازالار «يەتتە چىنە» ياكى «يەتتە بالايىئاپەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 15-16-بابلار «يەتتە چىنە»دىن چىققان «يەتتە بالايىئاپەت»

يۇھاننىاغا يەنە بىر ۋەھيي تاپشۇرۇلغان، بۇ قېتىم «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ ئاخىرىدا، رەب ئەيسانىڭ قايتىپ كېلىشكە ئاز قالغان قىسقا مەزگىلدىكى جازالىرى توغرۇلۇق بولىدۇ: ــــ

«ئاسماندا زور ھەم كارامەتلىك يەنە بىر ئالامەتنى، يەنى ئاخىرقى يەتتە بالايىئاپەتنى تۇتۇپ تۇرغان يەتتە پەرىشتىنى كۆردۈم (ئاخىرقى بالايىئاپەت دېيىلىشتىكى سەۋەب، خۇدانىڭ غەزىپى بۇلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ)»

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، «يەتتە چىنە»دىكى جازالار «يەتتە كاناي»دىكى جازالارنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

4-2:15 مۆمىن بەندىلىرىنىڭ بۇ كۆيىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا ۋاقىت «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»تىن كېيىن بولىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا كۆپ ئېيتقۇچىلار دىۋە ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋە خۇدانىڭ ھۆكۈملىرى يەر يۈزىدە نامايان قىلىنغان بولىدۇ.

8-5:15 بۇ «يەتتە چىنە» بىۋاستە ئەرشتىكى ئىبادەتخانىدىن چىقىدۇ ــــ دېمەك، جازالار خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ جازالىرى بولىدۇ. ئىلگىرىكى چۈشۈرۈلگەن بالايىئاپەتلەردىن بەزىلىرى شەيتاننىڭ ئۆز رەزىل كۈچىنى قويۇۋېتىشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن ئىدى.

2:16 «بىرىنچى چىنە» ـــ دېڭىز چوقۇنغانلار ئۈستىدە ئەشەددىي يارا پەيدا بولىدۇ ـــ دېڭىز ئالىللىقاچان ئاپان بولغاچقا، بۇ ۋەقە ئىككىنچى «1260 كۈن» ئىچىدە بولىدۇ

3:16 ـــ «ئىككىنچى پەرىشتىنىڭ چىنىسى» ـ دېڭىز قانغا ئايلىنىپ، دېڭىزدا بارلىق جانىۋارلار ئۆلىدۇ. بۇ ۋەقە «2ـكاناي» (دېڭىزنىڭ ئۈچتىن بىرى قانغا ئايلىنىدۇ)دىن كېيىن بولسا كېرەك.

7ـ4:16 «ئۈچىنچى پەرىشتىنىڭ چىنىسى» ـــ دەريالار ۋە بۇلاقلار ئۈستىگە تۆكۈلۈپ، ئۇلارمۇ قانغا ئايلىنىدۇ. بۇ ۋەقە يەنە «3ـكاناي» (دېڭىزنىڭ ئۈچتىن بىرى ئاچچىق بولۇپ، كۆپ ئادەم ئۆلىدۇ)دىن كېيىن بولسا كېرەك.

9ـ8:16 «تۆتىنچى پەرىشتىنىڭ چىنىسى» ـ قۇياش ئۈستىگە تۆكۈلۈپ، قۇياش تەپتى ئادەملەرنى كۆيدۈرىدۇ. بەزىلەر بۇ چىنە «4ـكاناي» (قۇياش ۋاقتىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە قاراڭغۇلىشىدۇ) بىلەن باغلىق، دەپ قارايدۇ. ئەمما بىزنىڭچە ««چىنە»لەردىكى جازالار «كاناي»لارنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ» دېگەن پرىنسىپ توغرا بولسا، «بەشىنچى چىنە» بەلكىم «4ـكاناي»دا بولغان ئاپەتنى تېخىمۇ بەتتەر قىلىدۇ.

11ـ10:16 «بەشىنچى پەرىشتىنىڭ چىنىسى» ـــ «دىۋىنىڭ پادىشاھلىقى» (يەر يۈزىدىكى كۆپىنچە جايلار) قاراڭغۇلىشىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا بۇ ئىشلارنى خۇدادا تەرىپىدىن كەلگەن دەپ بىلىپ تۇرۇپ، توۋا قىلمايدۇ، ھەتتا تېخىمۇ كۇپۇرلۇق قىلىدۇ.

16ـ12:16 «ئالتىنچى پەرىشتىنىڭ چىنىسى» ـــ ئەفرات دەرياسى قۇرۇتۇۋېتىلىدۇ. بۇ ئىش «ئالتىنچى كاناي»دىكى ۋەقەگە ئوخشاش؛ شەرقتىكى پادىشاھلار ھازىر «ھارماگېددون»دا بولغان جەڭگە قاتنىشىشقا كېلەلەيدۇ (ئەفرات دەرياسىنىڭ قۇرۇتۇۋېتىلىشى كېرەك بولغانلىقى بىزگە بۇ دەۋردىكى ئۇرۇشلار ۋە قاتناش قوراللىرىنىڭ «زامانىۋىي» ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، بولمىسا ئايروپىلانلار ئاسانلا ئۆتۈپ كېتەتتى!).

(«يەرەمىيا»دىكى قوشۇمچە سۆزىمىزدىكى «ئەفرات دەرياسىنىڭ قۇرۇتۇۋېتىلىشى»غا دائىر بۆرۈنقى بىر ۋەقە توغرىسىدىكى ئىزاھاتىمىزنى كۆرۈڭ. شۇ چاغدىمۇ «قۇرۇتۇلۇش» «بابىل شەھىرى»نىڭ يوقىتىلىشىغا «شەرقتىن كېلىدىغان بىر پادىشاھنىڭ يولى»نى تەييارلاش ئۈچۈن ئىدى. ۋەقە «يەر.» 38:50، 30:51ـ32، 36دە بېشارەت قىلىنىدۇ؛ «يەش.» 1:45نىمۇ كۆرۈڭ).

17:16-21 ـئايەتلەر «يەتتىنچى پەرىشتىنىڭ چىنىسى» ــ ھاۋاغا تۆكۈلدۇ. «ئىش تامام بولدى!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. «يەتتىنچى كاناي» چېلىنغىنىدا ئوخشاش ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. يۈز بېرىدىغان يەر تەۋرەش ئىلگىرىكى ھەرقاندىقىدىن ئېغىر بولىدۇ. بۇ ئايەتلەرگە قارىغاندا بابىل ئۈستىگە چۈشۈرۈلىدىغان ھۆكۈم-جازانى (ئون پادىشاھنىڭ قولىدا ــــ 16:17نى كۆرۈڭ) «يەتتىنچى چىنە»دىكى ۋەقەلەر ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ھازىر رەب ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىدىغان «بوسۇغىسى»غا كەلدۇق. ھەممە ئىش بۇنىڭغا تەييار تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنىڭ ئەينى تەپسىلاتلىرى پەقەت 11:19-19دە تەسۋىرلىنىدۇ. ئەمما ئاۋۋال 17- ۋە 18-بابتىكى «قىستۇرما سۆز»گە قاراش كېرەك. بۇ بابلاردا ئاخىرقى زامانلاردا، شۇنداقلا ھازىرقى دەۋرىمىزگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتقان «بابىل» بىزگە «پاش قىلىنغان ھالدا» تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## (17-18-بابلار) «بۈيۈك پاھىشە ئايال» ــ بابىل

مۇقەددەس يازمىلار ئىچىدە «بابىل» مۇھىم بىر تېمىدۇر. «بابىل» ھەم شەھەرنىڭ ئۆزى ۋە بۇ شەھەرنىڭ كەينىدە تۇرغان بىرخىل روھىي كۈچكە ۋەكىلدۇر. «يار.» 10:10دە نىمرودنىڭ خۇداغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ، ئىنسانىنىڭ شان-شۆھرىتىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە «بابىل»نى قۇرغانلىقى كۆرۈنىدۇ. ھازىر «ۋەھىي»دە بابىل پاھىشە ئايالنىڭ سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ؛ ئۇ «قوزىغا ياتلىق بولغان قىز» (9:21)، يەنى جامائەتنىڭ دەل ئەكسى بولىدۇ؛ بابىل قىزىل كىيىم كىيىدۇ، «سۇلار ئۈستىدە» ئولتۇرىدۇ؛ جامائەت، يەنى «يېڭى يېرۇسالېم» ئاسماندىن چۈشىدۇ، ئاپئاق كىيىم كىيىپ، خۇددى ئۆز ئېرى ئۈچۈن تەييارلانغان توي قىلىدىغان قىزغا ئوخشاش بولىدۇ. پاھىشە ئايال دېڭىنىڭ ئۈستىگە مىنىدۇ (سىياسىي ۋە شەيتاننىڭ كۈچىگە تايىنىدۇ)، بۇزۇقلۇق قىلىدۇ (كىمكى ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزسە، بابىل ئۆزىنى ئۇنىڭغا ساتىدۇ). ئۇ ئاز دېگەندىمۇ (1) «ساختا بىر جامائەت» ياكى دىنىي تۈزۈم؛ (2) ھەقىقىي بىر شەھەر ــــ «قايتىدىن قۇرۇلغان بابىل» بولۇشى مۇمكىن.

«يېرۇسالېم» ۋە «بابىل» شەھەرلىرىنىڭ بىرسى ئاسماندىن، بىرسى ئاسىي نىمرودتىن كېلىدۇ. 9-ئايەتكە قارىغاندا ئۇنىڭ رىم شەھىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن كىممۇ

گۇمانلانسۇن؟ ھالبۇكى، «پاھىشە ئايال» —— «رىمدىكى «كاتولىك جامائەت»نى كۆرستىدۇ» دېيىش 18-بابتىكى تەپسىلاتلارغا قارىغاندا يۈزەكى بىر چۈشەنچە بولىدۇ. بارلىق بايانلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن قارىغاندىن كېيىن، بەلكىم بىر خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن: ——

يۇھاننا مۇشۇ يەردە كۆرگەن دېۋە 13-بابتا كۆرۈنگەن دېۋىگە ئوخشاش بولسا كېرەك، لېكىن ھازىر «بەدىنىنى كۇپۇرلۇقناملىرى قاپلىغان بىر توق قىزىل دېۋە» كۆرۈنىدۇ —— ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپت-بەشرىسى كۆرۈنىدۇ.

تاپشۇرۇلغان ھېكمەت بويىچە «پاھىشە» يەتتە باش ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، بۇ باشلار: ——

(1) يەتتە تاغ. قەدىمكى زامانلاردا ھەممىگە ئايانكى، «رىم شەھىرى ئەسلىدە تىبىر دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى يەتتە تاغ ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان».

(2) يەتتە پادىشاھ («بۇلارنىڭ بەشى يىقىلغان، بىرسى بار، يەنە بىرى تېخى كەلمىدى. ئۇ كەلگەندە پەقەت ئازلا ۋاقىت تۇرالايدۇ»). مۇقەددەس يازمىلاردا بايان قىلىنغان، خۇدانىڭ خەلقى ئىسرائىلغا قارشى تۇرغان، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئىسرائىل ئارقىلىق قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى ئەۋەتىدىغان پىلانىنى يوقاتماقچى بولغان (مەسىھنىڭ ئەجدادى بولغانلارنى يوقىتىش ئارقىلىق) ئالاھىدە ئالتە ئىمپېرىيە بار ئىدى. ئۇلار: —— (1) مىسىر (ئەسلى ئىبراھىمدىن ساراھنى تارتىۋالماقچى ئىدى، كېيىن ئىسرائىلدا بارلىق ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈۋشكە تىرىشقان؛ (2) ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى (پۈتكۈل ئىسرائىلنى يوقاتماقچى)، (3) بابىل ئىمپېرىيەسى (يەھۇدادىكى بارلىق شاھزادىلەرنى ئاغۋات قىلىۋەتمەكچى ئىدى، كېيىن بابىلنىڭ بايلىقلىرى كۆپ ئىسرائىللارغا ۋەتەنگە قايتماسلىققا ئېزىتقۇ بولدى)، (4) مېدىئا-پارس ئىمپېرىيەسى (ئەستەر ئايال پادىشاھنىڭ كۈنلىرىدە باش ۋەزىر خامان پۈتكۈل ئىسرائىلنى يوقاتماقچى بولغان)، (5) گرېك ئىمپېرىيەسى («ئانتىئوقۇس ئەپىفانىس» ئىمپېراتور بولغاندا ئىسرائىلدىكى ئىبادەتنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ خەلقى بولغان سالاھىيىتىنى يوقاتماقچى بولغان)، (6) رىم ئىمپېرىيەسى (مەسىھنى ئۆلتۈرگەن، يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلغان، جامائەتكە ئەشەددىي زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغان). شۇنىڭ بىلەن «بەشى

يىقىلغان (مىسىر، ئاسسۇرىيە، بابىل، پارس، گرېتسىيە)، بىرسى بار (رىم) يەنە بىرى تېخى كەلمىدى. ئۇ كەلگەندە پەقەت ئازلا ۋاقىت تۇرالايدۇ» (دانىيال پەيغەمبەرنىڭ بېشارەتلىرىگە ۋە تۆۋەندىكى 11-ئايەتكە ئاساسلانغاندا ۋە شۇنداقلا بابىل رىم شەھىرىگە باغلانغان بولغاچقا، بۇ يەتتىنچىسىنى بىز بىرخىل «قايتىدىن جانلانغان رىم» دەپ ئويلايمىز).

«بۇرۇن بار بولغان، ئەمدى ھازىر يوق بولغان دىۋىنىڭ ئۆزى سەككىزىنچى پادىشاھدۇر، شۇنداقلا ئۇ ھەم يەتتىسىدىن بىرى بولۇپ ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ» — شۇڭا «دىۋە» «ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن رىم»دىن چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ ئون پادىشاھنىمۇ ھوقۇققا ئېرىشتۈرىدۇ. ئاندىن («دان.» 8:7، 20-21گە ئاساسلانغاندا) دىۋە ئوندىن ئۈچىسىنى تەختىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ.

«ئون پادىشاھ» بولسا پەقەت «بىر سائەت»لا ھوقۇقلۇق بولىدۇ. ئەگەر «ۋەھيي»دە «بىر ھەپتە» 7x360 كۈننى بىلدۈرسە، ئۇنداقتا «بىر سائەت» = 360/24 كۈن، يەنى 15 كۈن بولىدۇ - ئىشقىلىپ ئىنتايىن قىسقا بىر ۋاقىت بولىدۇ.

15:17-18-ئايەتتە شەيتاننىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنى كۆرىمىز. گەرچە ئۇ مۇشۇ «پاھىشە ئايال»نى ئەللەرنى بۇتپەرەسلىك ۋە ھەرخىل بۇزۇقلۇققا ئازدۇرۇشقا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ پەقەت تاش-ياغاچتىن ياسالغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشىدىن رازى ئەمەس — ئۇ ئۇلارنىڭ ئىبادىتىنىڭ «ئۆز ئوبرازى بولغان دىۋە» ئارقىلىق بىۋاستە ئۆزىگىلا بولۇشىنى خالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئايال بابىل»نى ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق مەقسىتىدە ئىشلەتكەندىن كېيىن شەيتان ئون پادىشاھنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنى يوقىتىدۇ (شەيتاننىڭ بارلىق ۋاستىچىلىرىنىڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتى ئوخشاش بولىدۇ).

يۇھاننىغا پاھىشە توغرۇلۇق: «يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كاتتا شەھەردۇر» دەپ ئېيتىلىدۇ. ئۆتكەن زامانلاردا (سەككىزىنچى ئەسىردىن ئون ئالتىنچى ئەسىرگىچە) «رىم پاپاسى» ئەسلىدە رىم ئىمپېراتورلىرى ئارقىلىق، ئىمپېرىيە يوقالغاندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن ياۋروپادىكى كۆپ پادىشاھلارنىڭ ئۈستىدىن كۆپ جەھەتلەردە ھۆكۈم سۈرەتتى. ئايەتكە قارىغاندا ئاخىرقى زاماندا بۇنداق ئىش قايتىدىن پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ يەردە سەھىپە چەكلىكلىكى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى تەمىنلىمەيمىز، لېكىن بابىلنىڭ كونا ئالاھىدە بۇتپەرەسلىكى بىلەن ھازىرقى رىمدىكى «كاتولىك دىنى» زىچ مۇناسىۋەتلىك، دېيىشىمىز كېرەك. بۇلارنىڭ ئالاقىسى ھەتتا پەرگامۇم شەھىرى («شەيتاننىڭ تەختى بولغان جاي»، 13:2) ئارقىلىق باغلانغان.

تارىختىكى رەددىيە قىلغۇسىز پاكىت شۇكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى رىم پاپالىرى ئوچۇق-ئاشكارە قاتىللىق، ئەخلاقسىزلىق، جىنسىي بۇزۇقلۇق ۋە بەچچىۋازلىقلىرى بىلەن ھەتتا بۇتپەرەسلەرنى سەسكەندۈرەتتى. رىم پاپىلىق بولغاندىن تارتىپ مۇشۇ پاپىلار «مەسىھنىڭ نامىدا» خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىدىن، مەيلى ئەرلەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ياكى ھەتتا باللار بولسۇن، قانچىلىغان ئادەملەرنى قىيىن-قىستاقتا ئالغان، كۆيدۈرگەن، پالەچ قىلغان ۋە ئۆلتۈرگەن، بۇنى پەقەت بىر خۇدا بىلىدۇ. ئۇلار ئۆلتۈرگەن مۆمىن بەندىلەر رىم ئىمپېرىيەسى ئەسلى ئۆلتۈرگەن بەندىلەردىن زىيادە كۆپ ئىدى. رىم پاپاسى ياۋروپادىكى كىشىلەرنى يەھۇدىي خەلقىگە نەپرەتلىنىشكە قۇترىتىشلىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گىتلېرنىڭ ئالتە مىليون يەھۇدىينى قەتل قىلىشىغا مۇھىم تۈرتكە بولغانىدى.

يەنە ئېيتىشقا مۇۋاپىقكى، دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل جىنايەتچى تەشكىلات (مافىيا، قارا قول جەمئىيىتى) رىم شەھىرى جايلاشقان دۆلەتتە يىلتىز تارتقان ۋە «رىمنىڭ كاتولىك جامائىتى» بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار.

18-بابتا يۇھاننا بابىلنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك جەھەتلىرىنى كۆرىدۇ. مۇشۇ بابتا ئۇ چوڭ سودا شەھىرى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. يەشايا ۋە يەرەمىيا پەيغەمبەرلەرنىڭ بابىل شەھىرى توغرۇلۇق بېشارەتلىرى تېخى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغاچقا، كەلگۈسىدە بابىل شەھىرىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشىنى، ئاندىن قايتىدىن ۋەيران بولۇشىنى مۇقەررەر، دەپ قارايمىز.

18-بابتا «بابىل»نىڭ «سودا» ئالاقىسى ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بابىلنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرستىمىز: ــــ

(1) بابىل ئېتىقادچىلاردىن بولغان ھەقىقىي جامائەتنىڭ بىرخىل ئەكسى، ساختىسىدۇر.

(2) ئۇ دائىم ھەقىقىي جامائەتكە زىيانكەشلىك قىلىدۇ ۋە ھەتتا «بارلىق يەر يۈزىدە

قىرغىن بولغانلار»غىمۇ بىرخىل مەسئۇلىيىتى بار (24:18)
(3) يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ بىلەن سودىلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئەخلاق جەھەتتە بۇلغايدۇ.
(4) بابىل بارلىق سەنئەتلەر ۋە ئىلىم-پەنلەردىن پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇلار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ.
(5) ئۇ سېھىرگەرلىك قىلىدۇ.
(6) بابىل بولمىسا خەلقئارا سودا ياكى كەڭ دائىرىلىك سودا مۇمكىن بولماي قېلىپ، دەرھال تۈگىشىدۇ.
(7) ئۇنىڭ رىم شەھىرى بىلەن مۇقىم مۇناسىۋىتى بار؛ ئاخىرقى زاماندىكى رىمدا يىلتىز تارتقان دۇنيانىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، لېكىن ئاخىردا دىۋە ئۇنى يوقىتىدۇ.
(8) بابىلنىڭ تۈگىشىشى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بولىدۇ؛ بۇ ئىش «ئون پادىشاھ»نىڭ قولىدا بولىدۇ.
دەرۋەقە ئۇ «بىر سىر» بولىدۇ!

بولۇپمۇ يېقىنقى زامانلاردا بابىلنىڭ سالاھىيىتى توغرۇلۇق ئالتە قىياس ئوتتۇرىغا قويۇلدى: —
(1) رىملىق كاتولىك جامائىتى
(2) مەلۇم بىرخىل «دۇنياۋىي دىن» ياكى ئېتىقادى بۇزۇلغان «خرىستىئان دۇنياۋىي جامائىتى»
(3) سودا-سېتىق، تۈرلۈك تىجارەت
(4) ئامېرىكا
(5) قايتىدىن قۇرۇلغان بابىل شەھىرى
(6) ئىككىنچى ھەم بەشىنچىسى — «دۇنياۋىي دىن» ۋە «قايتىدىن قۇرۇلغان بابىل» شەھىرى.
بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئامېرىكا» ئەڭ نامۇۋاپىق نامزات بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئېتىقادچىلارنىڭ جامائەتلىرى ئامېرىكىدا ئۇچرىغان زىيانكەشلىك بۇگۈنگە قەدەر ئاز بولدى؛ ئامېرىكا كۆپ قېتىم زىيانكەشلىكتىن قاچقان يەھۇدىيلارغا ۋە مەسىھىي ئېتىقادچىلارغا باشپاناھ بولدى. بۇنداق دېگەنلىكىمىز ئامېرىكىدىكى ئەھۋال پەقەت ئۆزگەرمەيدۇ،

دېگىنىمىز ئەمەس. ئۆزىمىز تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن 6-پىكىرگە مايىلمىز: ــــ

مۇشۇ 17- ۋە 18-بابلاردىن دۇنيادىكى كۆپ سودا (ھەممە سودا دېمەكچى ئەمەسمىز) ئىشلىرىنىڭ كەينىدە بىر روھ تۇرىدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنى ئۆزىگە تارتىپ قىلتاقتا چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇڭا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىنىنى بولسا دەل «سودا» دېگىلى بولىدۇ. رەببىمىز بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ: «سىلەر ھەم خۇدانىڭ، ھەم مال-دۇنيا («مامون»)نىڭ قۇلى بولۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمەس». گرېك تىلىدا «مامون» «سودا، بايلىق، كۈچلۈك تايانچ»نى بىلدۈرىدۇ. بەلكىم، 23:18دە بۇ سىرنى چۈشىنىشتىكى بىر ئاچقۇچ بىزگە كۆرسىتىلىدۇ: «بارلىق ئەللەر سېنىڭ سېھىر-ئەپسۇنلىرىڭغا ئالداندى». 20:9دە بۇ سېھىرلىكنىڭ كۈچى ئايان قىلىنىدۇ.

«بابىل» خۇدانىڭ ھەقىقىتى ۋە نىجاتىغا قارشى تۇرغان، خۇدانىڭ بەندىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان دۇنيادىكى بارلىق دىنغا، جۈملىدىن «مامون»غا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېسەك بەلكىم ئېھتىمالغا يېقىن بولىدۇ. كەلگۈسىدە دۇنياۋىي دىنلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، رىم پاپاسى ئۇلارنىڭ بېشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى رىم شەھىرىدە رىم پاپاسى رەئىسلىكى ئاستىدا دۇنيادىكى كۆپ دىندارلار، جۈملىدىن «خرىستىيان دىنى»، بۇددا دىنى، ھىندۇ دىنى، ئىسلام دىنى ۋە تىبەت دىنىدىكى ئەربابلار بىرنەچچە قېتىم كېڭەشتە جەم بولۇپ بىللە «دۇئا قىلىپ» «خۇداغا ئىبادەت» قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ «كېڭەش» پائالىيەتلىرى «سىز ياخشى، مەن ياخشى، ھەممىمىز ياخشى ئادەملەرمىز» دېيىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپ ئىشلار توغرۇلۇق بىر-بىرىگە شۇنچىلىك قوشۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەمەلىي ئېتىقادقا بولغان ئەقىدىلىرى ئىنتايىن كەم بولغاچقا، ھېچقانداق مۇقىم بىر ئەقىدىگە دېگۈدەك ئىشەنمەيتتى؛ بىراق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ مۇھىم بىر نۇقتىدا بىر پىكىردە بولغانىكى، «پۈتكۈل ئالەمدە مۇتلەق بىرلا ھەقىقەت مەۋجۇت دېگىلى بولمايدۇ» ۋە «مۇمكىن بولسا «مۇتلەق ھەقىقەتكە ئىشەنگەنلەر»نىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئالەمدىن يوقىتىش كېرەك».

سودا ئىشلىرىغا كەلسەك، دۇنيادىكى كۆپ سودا ئىشلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك دىنغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن كىممۇ گۇمان قىلسۇن؟ ئەفەسۇستىكى زەرگەرلەر بۇنىڭ كۆرۈنەرلىك بىر مىسالىدۇر («روس.» 23:19-41). رىمدىكى «ۋاتىكان» (كاتولىك دىنىنىڭ «باش ئىشتابى»)نىڭ بايلىقلىرى قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم، لېكىن شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ بارلىق خەزىنىلىرىدىن ئارتۇقتۇر. «ۋاتىكان»نىڭ

نۇرغۇنلىغان سودا ئالاقىلىرى بار، يېقىنقى بەزى ۋەقەلەرگە قارىغاندا، «مافىيا» بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار. ھالبۇكى، بۇ 18-بابتىكى تېكىستلەر ھەتتا يۇقىرىدا شۇ ئىشلاردىن ئۆتۈپ، دۇنيادىكى كۆپ قىسىم سودىلارنىڭ بىرخىل «سېھىرلىك كۈچ»نىڭ ئالاقىسىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئاشۇ كۈچ تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى بىزگە پۇرىتىدۇ.

«ۋەھيي»دىكى بابىل توغرۇلۇق بۇ بېشارەتلەرنىڭ بىزگە تاپشۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبى بىزگە دۇنيادىكى مۇشۇ ئۇلۇغ ئىقتىسادىي سىستېما (بانكىلار، پايچىكلار، تۈرلۈك پايچېك بازارلىرى ۋە ھازىرقى ھەممىدىن مۇھىم «تور»دىكى سودا)نىڭ كەينىدە بىر سېھىرلىك جىننىڭ كۈچى بار دەپ مەلۇم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىقتىسادىي سىستېما ئىنساننىڭ سۆزى (خۇدانىڭ سۆزى ئەمەس) ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيادىكى بارلىق دىن بىلەن بىللە ئادەمنى ئازدۇرۇپ، ھەقىقەتتىن ئايرىشقا خېلى كۈچى بار.

كەلگۈسىدە «بابىل شەھىرى» قايتىدىن قۇرۇلسا، دۇنيانىڭ سودا-سېتىقىنى ھالقىلىق كونترول قىلغۇدەك ئامىللارنى تۇتۇشى مۇمكىن. سادام ھۈسەين بابىل شەھىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان؛ ئۇ بۈگۈن «قىسمەن قۇرۇلغان پېتى»دا تۇرىدۇ.

بابىلنىڭ گۇمران بولۇشى (5:14-12-ئايەتلەردە كۆرستىلگەن ئۈچ پەرىشتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا) بەزى كىشىلەرنىڭ توۋا قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇ ئىش ئادەمنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇكى، ھەتتا نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنىڭ ئاگاھلىرىغا، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئۆز گۇۋاھچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ پات ئارىدا جازاغا تارتىلىدىغانلىقىغا ھېچ قارىماي، بەلكى بابىل ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يىغا-زار كۆتۈرىدۇ. كونا زامانلاردا خۇدانىڭ پەرىشتىسى سودوم شەھىرىدىكىلەرنى رەزىللىكى تۈپەيلىدىن ئۇرۇپ كور قىلىۋەتكەن. لېكىن ئۇلار خۇدانىڭ جازاسىدىن ھېچ ئاگاھ ئالماي، كور تۇرۇپمۇ يەنە گۇناھ قىلىش پۇرسىتىنى ئىزدەپ يۈرگەن («يار.» 11:19). رەب ئۆزى بىزگە تەلىم بەرگىنىدە، ھەتتا قىيامەتنىڭ ھارپىا كۈنىمۇ كۆپ ئادەملەر سودىسىنى قىلىۋېرىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ **(«مات.» 36:24-**

41، «لۇقا» (26:17).

## 19-باب - ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشى

19-بابتا زاماننىڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشى، جۈملىدىن رەببىمىزنىڭ قايتىپ كېلىشى بىز ئۈچۈن تەسۋىرلىنىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، بۇ ئىشلار
(1) ئالتىنچى پىيچەتنىڭ؛
(2) يەتتىنچى كانايىنىڭ؛
(3) يەتتىنچى چىنىنىڭ؛
(4) (17-باب-4:19دە خاتىرىلەنگەندەك) بابىل ئۈستىگە تۆكۈلگەن جازالارنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىدۇر.

## 20-باب - شەيتاننىڭ باغلىنىشى، مىڭ يىللىق سەلتەنەت

«1كور.» 6:2-3نى كۆرۈڭ. ئۇنىڭدا روسۇل پاۋلۇس خۇدانىڭ دۇنيا ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشىدا ئۇنىڭ مۇقەددەس بەندىلىرىنىڭ نېسىۋىسى بار، دەيدۇ. مۇشۇ سۆزنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى مۇشۇ «مىڭ يىل»نىڭ بېشىدا بولۇشى كېرەك.

يەنە بىر ئىش ئېنىقكى، «ئىككى تىرىلىش» بار — بىرىنچى تىرىلىش «مىڭ يىل»نىڭ ئالدىدا، يەنى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تىرىلىشى؛ ئىككىنچى تىرىلىش مىڭ يىلدىن كېيىن، يەنى ئېتىقادسىزلارنىڭ تىرىلىشى بولىدۇ.

بۇ مىڭ يىللىق سەلتەنەت ھەققىدىكى بايانلارنىڭ شۇنچە قىسقا ئىكەنلىكى، كۆرۈنۈشتە مەلۇماتنىڭ شۇنچە ئازلىقى بىزنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىزگە شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، «مىڭ يىللىق سەلتەنەت» ئەمەلىيەتتە تەۋراتقا تونۇش بولغان شۇ دەۋردىكى ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن «يېڭى ئىش» ئەمەس. چۈنكى تەۋراتتىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىدا «خۇدانىڭ پادىشاھلىقى» ئاللىقاچان تىلغا ئېلىنغان. «ۋەھيي» پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇ كۆپ خەۋەرلىرىگە شۇ چاغغىچە نامەلۇم بولۇپ كەلگەن ئىككى مەلۇمات، يەنى مۇنۇ ئىككى سوئالغا بولغان جاۋابنى قوشۇپ تەمىنلەيدۇ: —
(1) خۇدانىڭ (يەر يۈزىدە بولغان) پادىشاھلىقى قانچە ۋاقىت داۋام قىلىدۇ؟
(2) ئۇ قانداق تۈگەيدۇ؟

ئاندىن يۇھاننا يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىننى كۆردى؛ «چۈنكى بۇرۇنقى ئاسمان ۋە زېمىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. دېڭىزمۇ مەۋجۇت بولمىدى».

بىز ھازىر يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن توغرۇلۇق تولىمۇ ئاجايىب ۋە تىلسىمات بايانلارغا كەلدۇق (21-22-باب). بەزى ئالىملار بايقىغىنىدەك، مەسىھ ئەيسا بىزگە ئۇ دۇنيا ئۈچۈن تەييارلىنىشىمىز كېرەك دەپ شۇنچە كۆپ قېتىم تەلىم بەرگەن بولسىمۇ، پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلار ئىچىدە يېڭى ئاسمان-زېمىن توغرۇلۇق پەقەت مۇشۇ ئىككى بابتىنلا خەۋىرىمىز بارلىقى بەلكىم سەل غەلىتە تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئەھۋال بەلكىم ھېچ باشقىچە بولماسلىقى مۇمكىن. ھازىرقى ئەقلىمىز ئىنتايىن چەكلىك، ھەتتا زەررىچىلىك بولغاچقا، ئەگەر يېڭى ئاسمان-زېمىننى تولۇقراق تەسۋىرلىگەن بولسا، بەلكىم ئۇنى پەقەتلا چۈشىنەلمەي قالغان بولاتتۇق.

تۆۋەندە بىز «ۋەھىي»دە «يەتتە پېچەت» ئېچىلغاندىن كېيىن بېشارەت قىلىنغان مۇھىم ۋەقەلەرنى تەرتىپى بويىچە تىزىشقا تىرىشماقچىمىز؛ ئاندىن بۇ ۋەقەلەرنى بىر «ۋاقىت جەدۋىلى» ئىچىگە تىزماقچىمىز.

ھازىرقى زامان: ــــ

ئاق ئاتقا مىنگۈچى ــــ ساختا مەسىھلەر

قىزىل ئاتقا مىنگۈچى ــــ ئۇرۇشلار

قارا ئاتقا مىنگۈچى ــــ ئاچارچىلىقلار

تاتىراڭ ئاتقا مىنگۈچى ــــ ۋابا، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش؛ ئىنسانلارنىڭ تۆتتىن بىرى ئۆلىدۇ.

شەيتاننىڭ يەر يۈزىگە تاشلىنىشى ــــ «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ باشلىنىشى.

دەججال پەيدا بولىدۇ، «تىنچ-ئامانلىق ئېلىپ كەلگەن» ھالدا بولىدۇ. ئۇ «يېڭى رىم»نىڭ بېشى بولۇپ («يەتتىنچى باش»)؛ «ئون مۈڭگۈز»ى تېخى نامايان بولمىدى. ئۇ خۇدانىڭ خەلقىنىڭ «كۆپ قىسمى» بىلەن (دېمەك، ھەممە يەھۇدىي بىلەن ئەمەس) ئەھدە تۈزىدۇ («دان.» 9-باب).

يىلان (يەنى ئەجدىھا، بەلكى دىۋە ئەمەس) خۇداغا سادىق بولغان «ئىسرائىلنىڭ

قالدىسى»نى يوقاتماقچى بولىدۇ.

«قالدى» چۆل-باياۋانغا (تەييارلانغان بىر جايغا) قاچىدۇ.

1260 يىلان يەنىلا ئىسرائىلنىڭ قالدىسىنى ھالاق قىلماقچى بولىدۇ، لېكىن «قالدى» كۈن چۆل-باياۋاندا ھىمايە قىلىنىدۇ.

ئېتىقادچىلارنىڭ جامائەتلىرىگە زور زىيانكەشلىك باشلىنىدۇ. لېكىن نۇرغۇن ئادەملەر خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلىدۇ، «مول ھوسۇل» بولىدۇ (7-باب، «زور بىر توپ ئادەملەر») — بۇ «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ بىرىنچى يېرىمىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپىدۇر.

دىۋە (دەججال) ئىسرائىل بىلەن بولغان ئەھدىسىنى بۇزىدۇ. ئۇ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىنىڭ «سىرتقى ھويلا»سىنى بۇلغايدۇ. بۇ «دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت» مەزگىلىنىڭ ئوتتۇرىسى بولىدۇ.

دىۋە ئون مۈڭگۈزى (ئون پادىشاھ) بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ رەزىل ئەپت-بەشىرىسى بىلەن پەيدا بولىدۇ؛

دىۋە ئۈچ پادىشاھنى تەختىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا چىقىپ ئاساسىي قوقۇقنا ئىگە بولىدۇ.

دىۋىنىڭ يەتتە بېشىدىن بىرى ئەجەللىك يارىلىنىدۇ، ئاندىن ساقايتىلىدۇ (ئاندىن «سەككىزىنچى باش» بولىدۇ).

دىۋە (ساختا پەيغەمبەرنىڭ ياردىمى بىلەن، بولۇپمۇ «ئەجەللىك يارىسى» ساقايتىلغاندىن كېيىن) ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇرىدۇ.

دىۋە ئۆزىنى ئىبادەتخانىسىدا «مانا ئۆزۈم خۇدادۇرمەن» دەپ كۆرسىتىپ («2تېس» 2-باب) «ۋەيران قىلغۇچى يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق»نى ئورنىتىدۇ.

ساختا پەيغەمبەر دىۋىگە بىر بۇت-ھەيكەل ياسايدۇ. ئۇ ھەيكەلنى «تىرىك» قىلىدۇ، ئۇنى سۆز قىلدۇرىدۇ، تۈرلۈك باشقا كارامەتلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. دىۋىنىڭ بەلگىسىنى قوبۇل قىلمىغانلارغا ھېچقانداق سودا-سېتىقنى رۇخسەت قىلمايدۇ.

خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى تېخىمۇ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. دىۋىنىڭ بەلگىسىنى قوبۇل قىلمىغاچقا، ئۇلار ھېچنېمىنى سېتىۋالالمايدۇ. بابىل مۇشۇ زىيانكەشلىككە قاتنىشىدۇ. ئىسرائىللار (پەلەستىندە تۇرغانلار) ھازىر دىۋىنىڭ خارلىقى ئاستىدا قالىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىت 144000 تاللانغان يەھۇدىي پەيدا بولغان پەيت بولسا، ئۇلار خۇدانىڭ ئالاھىدە باشپاناھى ئاستىدا گۇۋاھلىق بېرىشنى باشلىشى مۇمكىن. ئىككى

گۇۋاھچى ئىسرائىلىيە زېمىندا 1260 كۈن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.
بەشىنچى كاناي ـــ ئادەملەر بەش ئاي قىينىلىدۇ
ئەفرات دەرياسى قۇرۇپ كېتىدۇ. «شەرقتىكى پادىشاھلار» كېلىدۇ.
هارماگېددوندا بولغان جەڭ ئىنسانلارنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆلىدۇ.
«ئىككى گۇۋاھچى» ئۆلتۈرۈلىدۇ، قايتىدىن تىرىلىدۇ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ.
دېڭىز بۇرۇلۇپ «بابىل»نى يەۋېتىدۇ.
سودىگەرلەر بابىل ئۈستىدە يىغا-زار كۆتۈرىدۇ ـــ جەمئىيەتنى مۇقىم قىلىدىغان ئىقتىسادىي سىستېما يوق بولىدۇ.
ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇۋاتقان ئۈچ پەرىشتە كۆرۈنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ يەتكۈزىدىغان خەۋىرى: ـــ
(1) «خۇداغا ئىبادەت قىلىڭلار، چۈنكى سوت قىلىش ۋاقتى كەلدى»؛
(2) «بابىل غۇلىدى»؛
(3) «دېڭىزگە چوقۇنىدىغانلار ۋە تامغىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلارغا ... جازا چۈشىدۇ».
«مۇقەددەس بەندىلەر ئارام ئېلىش ۋاقتى كەلدى» دېگەن تۆتىنچى ئاۋاز ئەرشتىن ئاڭلىنىدۇ

رەب بۇلۇتلاردا ئايان بولىدۇ، مۇقەددەس بەندىلىرى ئۆزى بىلەن «ھاۋادا ئۇچرىشىش»قا ئېلىنىدۇ.
يەنە بىر پەرىشتىگە يەر يۈزىدە قالغانلارنى سوراقتا تارتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ.
«خۇدانىڭ قەھرىنىڭ چوڭ شاراب كۆلچىكى»نىڭ ۋاقتى كېلىدۇ.
رەب (مۇقەددەس بەندىلىرى بىلەن) چۈشىدۇ ـــ ئىسرائىل شۇ ۋاقىتتا قۇتقۇزۇلۇشى مۇمكىن.
دېڭىز يوقىتىلىدۇ.
يەر يۈزىدە قالغانلار بار بولىدۇ ـــ ئۇلار باللار ۋە بوۋاقلارلا بولۇشى مۇمكىن.
دېڭىز ۋە ساختا پەيغەمبەر ئوت كۆلىگە تاشلىنىدۇ.
يەر يۈزىدە قالغانلار «مىڭ يىللىق سەلتەنەت»كە كىرىدۇ.
«مىڭ يىللىق سەلتەنەت»
«مىڭ يىللىق سەلتەنەت»نىڭ ئاخىرىدا، شەيتان يەنە بوشىتىلىدۇ، ئەللەر ئالدىنىدۇ

يېرۇسالېمغا ئاخىرقى ھۇجۇم قىلىنىدۇ
خۇدانىڭ جازاسى ئاسمان ۋە زېمىن ئوت ئىچىدە ئېرىتىپ يوقىتىلىدۇ
قالغان ئۆلگەنلەر (ئېتىقادسىزلار) تىرىلدۈرۈلۈپ سوراققا تارتىلىدۇ
يېڭى ئاسمان-زېمىن پەيدا بولىدۇ

پېچەتلەر، كانايلار، «ئارىلىقتىكى كۆرۈنۈشلەر» ۋە «يەتتە چىنە»نىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى بەلكىم تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ: ——

«پېچەتلەر «كانايلار» «ئاربلقتىكى كۆرۈنۈشلەر»«چىنىلەر»

1-پېچەتا ا ا
ئاق ئات ا ا ا
ساختا مەسىھلەر ا ا ا
2-پېچەتا ا ا
قىزىل ئاتا ا ا
ئۆرۈش ا ا ا
3-پېچەتا ا ا
قارا ئات ا ا ا
ئاچارچىلىق ا ا ا
4-پېچەتا ا ا
تاتىراڭ ئات ا ا ا
ئۆلۈم، ۋابا، ئاچارچىلىق، ئۆرۈش ا ا
ئىنسانلارنىڭ تۆتتىن بىرى ئۆلىدۇ ا ا
«-------------«دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ باشلىنىشى -------------»
5-پېچەتا ا
قۇربانگاھ ئاستىدىكى جانلار ا ا
زىيانكەشلىك پات ئارىدا باشلىنىدۇ ا ا
ا ا ا
ا «ئەمىر» ئىسرائىل ا
ا بىلەن ئەھدە تۈزىدۇ ا
ا ئەجدىھا «ئايال»نى يوقاتماقچى ا
ا «ئايال» 1260 كۈن يوشۇرۇلىدۇ ا
ا ئەجدىھا جامائەتكە زىيانكەشلىك ا
ا قىلىدۇ ا
ا ا ا
ا 1260 كۈن ا
ا ا ا
ا ا ا
«-------------«دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ ئوتتۇرىسى ---------------»
ا دىۋە ھەقىقىي قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ ا
ا ئەھدىنى بۇزىدۇ ا
ا 144000 كۆرۈنىدۇ؟؟ ا
ا «ئىككى گۇۋاھچى» ا
ا ا ا
ا ئون پادىشاھ پەيدا بولىدۇ ا
ا ئۈچ پادىشاھ تەختتىن چۈشىدۇ ا
ا دىۋە «ئەجەللىك يارىلىنىدۇ» ا
ا دىۋە ساقايتىلىدۇ ا
ا «ساختا پەيغەمبەر» كۆرۈنىدۇ ا
ا «يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىق» ا

ا ئىبادەتخانىدا سىلىنىدۇ ا
ا«دۇنىنىڭ ھەيكىلىگە جان كىرگۈزۈلىدۇ»
ا ھەيكەل سۆزلەيدۇ ا
ا بارلىق كىشىلەر دۇنگە چوقۇنۇشقا ا
اۋە بەلگىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ

1-كاناي ا

مۆلدۈر، ئوت، قان ا

دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى كۆيدۈرۈلىدۇ ا

ا ا

2-كاناي ا

ئوتلۇق تاغ دېڭىزغا چۈشىدۇا

دېڭىزنىڭ ئۈچتىن بىرى قان بولىدۇ، ا

دېڭىزدىكى جانىۋارلارنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆلىدۇ ا

ا ا

3-كاناي ا

«كەكرە» يۇلتۇزى چۈشىدۇا

دەريالار بۇلغىنىدۇ، كۆپ ئادەم ئۆلىدۇ ا

ا ا

4-كاناي ا

قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ئۈچتىن بىرى قاراڭغۇلىشىدۇ ا

ا

ا ا

5-كاناي---------------؟؟؟؟؟---------------- 1-چىنە

«چېكەتكىلەر» بەش ئاي ئادەمنى قىينايدۇ — دۇنگە چوقۇنغانلارنى يارىلار باسىدۇ

ا ا

ا 2-چىنە

ا دېڭىز قانغا ئايلىنىدۇ

ادېڭىزدا ھەممە نەرسە ئۆلىدۇ

ا ا

ا 3-چىنە

اسۇلار، دەريالار قانغا ئايلىنىدۇ

ا ئىنسانلار ئىچىشى كېرەك

ا ا

ا 4-چىنە

ا ئىنسانلار ئوت بىلەن

ا زەخمىلەندۈرۈلىدۇ

ا 5-چىنە

ا يەنە بىر «يارا ۋاباسى».

اقاراڭغۇلۇق كۆپ يەرلەرنى باسىدۇ

ا ا

6-كاناي 6-چىنە

«شەرقتىن كەلگەن پادىشاھلار»نىڭ

يولىنى تەييارلاشقا ئەفرات دەرياسى قۇرۇتىلىدۇ 200 مىلىون ئاتلىق شەرقتىن

«ھارماگېددون ئۇرۇشى»پەيدا بولىدۇ؛ ئەفرات دەرياسىدىن

ئۆتەلەيدۇ، ئادەملەرنىڭ

ئۈچتىن بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ

ا

«ئىككى گۇۋاھچى» 7-چىنە

ئۆلتۈرۈلىدۇ، تىرىلىدۇ «ئىش تامام بولدى!» بابىل غۇلايدۇ

بابىل جازالىنىدۇ

ا

ئۈچ پەرىشتىنىڭ ئاخىرقى ئاگاھى ا

«---------------«دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەت»نىڭ ئاياغلىشىشى ----------»

«---------------- 1260 كۈن تۈگەيدۇ -----------»

6-پېچەت 7-كاناي 7-چىنە (داۋامى)

قاتتىق يەر تەۋرەشقاتتىق يەر تەۋرەشقاتتىق يەر تەۋرەش

قۇياش قارا، ئاي قان، سوراق جاكارلىنىدۇ يېرۇسالېم يىقىلىدۇ،

يۇلتۇزلار چۈشىدۇ «دۇنيانىڭ پادىشاھلىقى ئىنسانئوغلى ھەممە شەھەر غۇلايدۇ،

خۇدانىڭ پادىشاھلىقى بولدى!» ھوسۇل تاغلار، ئاراللار يوقىلىدۇ

پەرىشتىمۇ ھوسۇل ئالىدۇ مۆلدۈر ئالىدۇ، مۆلدۈر

«------------مەسىھ يەر يۈزىگە قايتىپ كېلىدۇ -----------»

7-پېچەت مىڭ يىللىق سەلتەنەت باشلىنىدۇ

ئەرشتە سۈكۈت

سوراق تەييارلىنىدۇ

# تەبىرلەر

## تەرجىمە توغرۇلۇق بەزى مۇھىم ئىزاھاتلار

(1) تەرجىمە خىزمىتىمىزدە بىز نۇرغۇن باشقا ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تەرجىمىلەردىن، شۇنداقلا بىرقانچە مۇھىتەرەم تەۋراتشۇناسلار ھەم ئىنجىلشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپ پايدىلاندۇق. بۇ جەھەتتە بىز ئىنگلىز تىلىدىكى «داربىي» تەرجىمىسى، «ئىنتېرنېت»تىكى «netbible» تەرجىمىسى، 1920-يىللىرى قەشقەردە مەھمەت شۈكرى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى» ۋە 1911-يىلدىكى خەنزۇچە «خېخېبەن» تەرجىمىسىنى تىلغا ئالىمىز. بۇ تەرجىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئىنتېرنېت»تىن چۈشۈرگىلى بولىدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك تور بەتلىرى تۆۋەندىكىدەك: —

www.dunyaningnuri.com
www.hayatnuri.com
www.hidayetnuri.com
www.injil.net
www.uyghurradio.net
https://bible.org/chinese/e/download/pdf
/https://www.biblegateway.com/versions
http://www.audiotreasure.com/mp3/Mandarin/menu.htm
https://bible.org/chinese/e/download/pdf
https://bible.org/netbible

مەزكۇر تەرجىمىمىزنى «www.mukeddeskalam.com»تىن كۆرۈشكە ۋە چۈشۈرۈپ ئوقۇشقا بولىدۇ.

(2) مۇقەددەس كىتابتىكى بابلار ۋە ئايەتلەرنىڭ «تەرتىپ رەقەم»لىرى ئوقۇرمەن ئىشەنگۈچىلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مىلادىيە 5-ئەسىردە كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئەسلىي تېكىستنىڭ بىر قىسمى ئەمەس. ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن پالانچى كىتابتىكى مەلۇم بىر ئايەت شۇنداق يول بىلەن كۆرسىتىلىدۇ: مەسىلەن: «1پاد.» 15:2 — دېمەك، «پادىشاھلار» بىرىنچى توم، 2-باب، 15-ئايەت.

(3) مەزكۇر تەرجىمىدە بارلىق «كىرىش سۆز»، ماۋزۇ، ماۋزۇچاقلار، ئىزاھاتلار ۋە «قوشۇمچە سۆز»لەر ئوقۇرمەنلەرگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن تەرجىمان تەرىپىدىن بېرىلدى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەسلىي تېكىست-ئايەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس.

(4) بارلىق ماۋزۇلارنى ۋە بارلىق ماۋزۇچاقلارنىڭ مۇقەددەس يازمىنىڭ بىر قىسمى ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىش مەقسىتىدە، باشقا خەت نۇسخىسىدا ئىپادىلىدۇق.

(5) تەرجىمىمىزدە، مۇقەددەس يازمىلارنىڭ تېكىستلىرىدىكى بەزى سۆزلەرمۇ مۇشۇنداق «سۇس» بېسىلغان (مەسىلەن، «سۆزلەر»). بۇنداق سۆزلەر ئەينى ئىبرانىي ياكى گرېك تېكىستىدە يوق، پەقەتلا ئۇيغۇرچە تېكىستىمىز راۋان چۈشىنىشلىك بولسۇن دەپ تەرجىمان تەرىپىدىن قوشۇلغان سۆزلەردۇر.

(6) ئەينى تېكىستتە ئىبرانىي ياكى گرېك تىلىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىم ئىبارىلەرنى بولسا، ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تەگدىشى بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشتۇق. ئۇنداق قىلغاندا ئوقۇرمەنلەر مەلۇم بىر سۆز ياكى ئىبارە توغرىسىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارالايدۇ.

(7) مۇقەددەس كىتابتىكى بەزى ئايەتلەرنىڭ باشقا بىرخىل تەرجىمە قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئەھۋالدا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئىزاھات ئارقىلىق باشقا خىل تەرجىمىسىنى كۆرسىتىشكە تىرىشتۇق (مەسىلەن، «باشقا بىر خىل تەرجىمىسى: «...»، «بەزى ئالىملار: «...» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ، دېگەندەك). لېكىن بۇنداق ئىزاھات بەرگىنىمىز شۇ باشقا خىل تەرجىمىنى توغرا دەپ قارىغىنىمىز ئەمەس، پەقەت

بەزى ئالىملارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە شۇنداق تەرجىمە قىلىنغان، دېگەنلىكتۇر. ئىككى خىل تەرجىمە ئوتتۇرىسىدا مۇھىم پەرق بار بولسا، ئۆز تەرجىمىمىزنىڭ ئاساسلىرىنى كۆرسىتىشكە تىرىشتۇق.

# مەزمۇنلار: -

## ئەڭ مۇھىم تەبرلەر: —

بەت


خۇدانىڭ تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىلدا ئاتاپ قىلىنغان ناملىرى 12-15

خۇدانىڭ ئوغلى 16

ئىنسانوغلى 16

«مۇقەددەس روھ» (خۇدانىڭ روھى) 16

مەسىھ («خۇدانىڭ مەسىھ قىلغىنى»، «مەسىھ قىلىنغۇچى»)

ۋە «مەسىھ قىلىش» 17

«پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» - ئۇ كىم؟ 18

«تەۋرات» ۋە «زەبۇر» 19

«زەبۇر» — «تەۋرات» ۋە «زەبۇر»نى كۆرۈڭ 20

«ئىنجىل» 20


## باشقىلار


«ئابىا» 21

«ئارامىي تىلى» 21

«ئاسمانلار» (ئەرشلەر) 21

«ئاشەراھ»، «ئاشەراھلار»، «ئاشەراھ بۇتلار» 22

«ئاقساقال» 22

«ئامىن!» 22

ئايالچە رود ۋە ئەرەنچى رود 22

«ئەبەدىي» ۋە «مەڭگۈ» 22
«ئەتىگەنلىك قۇربانلىق» ۋە «كەچلىك قۇربانلىق» 23
«ئەجدىھالار» ھەم «لىۋىئاتان» 23
ئەرەنچى رود — «ئايالچە رود ۋە ئەرەنچى رود»نى كۆرۈڭ 23
«ئەفود» 23
«ئەڭ مۇقەددەس جاي» 24
«ئەھدە» 24
«ئەھدە تۈزۈش» («ئەھدە كېسىش») 24
«ئەھدە ساندۇقى» 24
«بائال»لار 25
«باش كاھىن» 25
«بەرىكەت» ۋە «لەنەت» («قارغىش») 27-25
بىرلىكلەر: —
«تەۋرات، ئىنجىلدا ئىشلىتىلگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرى»نى كۆرۈڭ 78-74

«پادىشاھ... پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلدى» 27
«پاسخا» 27

پالچىلىق 34-28
خۇدانىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىرى ۋە پالچىلىق
تەۋرات (كونا ئەھدە) دەۋرىدە ئاتا قىلىنغان بىشارەتلەر
ئىنجىل (يېڭى ئەھدە) دەۋرىدە ئاتا قىلىنغان بىشارەتلەر

«پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» 34
«پەرىسىيلەر» 35
پەرىشتىلەر 35
«پەيغەمبەر» 35
«پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى» 36

«پۇلاڭلاتما ھەدىيە» 37
«تەرافىم» — «ئۆي بۇتلىرى» 37
«تەھتىسارا» ۋە «دوزاخ» (ياكى «جەھەننەم») توغرۇلۇق 37
تەۋرات كالېندارى؛ ئايلار ۋە ھېيتلار جەدۋىلى 82
«تەۋرات ئۇستازلىرى» 38
«جامائەت» 38
«جەنۇبىي پادىشاھلىق» — «ئىسرائىل»، «ئىسرائىللار»، «يەھۇدا»،
«يەھۇدىيلار»نى كۆرۈڭ. 69
«جىنلار» («يامان روھلار»، «پاسىق روھلار») 39

«چۆمۈلدۈرۈش» 39-40
«سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»
«مۇقەددەس روھتا چۆمۈلدۈرۈش»

«خەتنە» — «سۇننەت»نى كۆرۈڭ 47
«خۇدادىن قورققانلار» («خۇدادىن قورققۇچىلار») 40
(خۇداغا) مۇتلەق ئاتالغان 41
«خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى» 41
خۇدانىڭ ھەسەتلىك غەزىپى 41
«خۇدانىڭ «يوقلىشى»» 42
«خۇش خەۋەر» 43
«خىزمەتچى» 43
«دەسلەپكى ۋە كېيىنكى يامغۇرلار» 43
«دۇنيا» 43
«دوزاخ» — ««تەھتىسارا» ۋە «دوزاخ» (ياكى «جەھەننەم»)
توغرۇلۇق»نى كۆرۈڭ 37
«رابىي» 44
«روسۇل» 44

«روھ»، «جان»، «تەن» ۋە «ئەت» توغرۇلۇق 45
«روھىي ئىلتىپاتلار» 46
«سادۇقىيلار» 46
«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» 46
«سەپتۇئاگىنت» — LXXنى كۆرۈڭ 57\46
«ستوئى» ۋە «ستوئىكىزم» 47
(«ستوئىكىزم»غا ئىشەنگۈچىلەر «ستوئىكلار» دەپ ئاتىلىدۇ)
«سۈننەت» (خەتنە») 47
«سىر» 47
«سىناگوگلار» 48
«شابات كۈنى» 48
شەيتان («ئىبلىس») 48
«شىمالىي پادىشاھلىق» — «ئىسرائىل»، «ئىسرائىللار»،
«يەھۇدا»، «يەھۇدىيلار»نى كۆرۈڭ. 69
«قالدى» 49
«قانائان» 49
«قەيسەر» 49
«قۇربانلىق» 49
«قۇربانگاھ» 50
«قۇل» 50
«قېرىنداشلار» 52
«قېموش» 52
كافارەت 53
كالېندار — تەۋرات كالېندارى؛ ئايلار ۋە ھېيتلار جەدۋىلىنى كۆرۈڭ 82
«كافارەت تەختى» 53
«كاھىنلار» 53
«كىرىستىلەش» (چاپراس ياغاچقا مىخلاش) 54
«كونا ئەھدە» ۋە «يېڭى ئەھدە» 54

«كۆتۈرمە ھەدىيە» 55
«كېرۇبلار» 55
«گوئېل» («ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»
(ياكى «ھەمجەمەت-نىجاتكار») 56
«لاۋىيلار» 57
«لېۋىئاتان» — «ئەجدىھالار» ھەم «لېۋىئاتان»نى كۆرۈڭ 23\57
LXX («سەپتۇئاگىنت») 57
«ماننا» 57
«مەڭگۈ» — «ئەبەدىي»، «مەڭگۈ»نى كۆرۈڭ 22
«مولەك» 58
«مۇتلەق ئاتاش» «(خۇداغا) مۇتلەق ئاتالغان»نى كۆرۈڭ 41
«مۇرمەككى» 58
«مۇسانىڭ قانۇنى» 58
«مۇقەددەس» 58
«مۇقەددەس چېدىر» 59
«مۇقەددەس جاي» («مۇقەددەس چېدىر»دىكى «مۇقەددەس جاي»،
«مۇقەددەس ئىبادەتخانا»دىكى «مۇقەددەس جاي») 59
«نازارىيلار» 60
«نىكولاتىيلار» 60
«ھارام» — «ھالال» ۋە «ھارام»نى كۆرۈڭ 60
«ھالال» ۋە «ھارام» ھېسابلانغان ھايۋانلار 61
«ھاللېلۇياھ» («ھەمدۇسانا») 62
«ھەسەت» — «خۇدانىڭ ھەسەتلىك غەزىپى»نى كۆرۈڭ 62
«ھەققانىي قىلىش» 62
«ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» ياكى «ھەمجەمەت-نىجاتكار» —
«گوئېل»نى كۆرۈڭ 56
«ھوساننا» 62

«ھۆكۈم-گۇۋاھ» — («ئون ئەمر»نىمۇ كۆرۈڭ) 62
((بەزىدە «خۇدانىڭ گۇۋاھلىقى»، «خۇدانىڭ ھۆكۈم-گۇۋاھلىقى»،
«ئون ئەمر»مۇ دېيىلىدۇ)
«ھېرودلار» 63
«ئون ئەمر» — «ھۆكۈم-گۇۋاھ»نىمۇ كۆرۈڭ 63
«ئۇخلاش» — «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى»،
«ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى»، «ئۇ خەلقىگە قوشۇلدى»
قاتارلىق ئىبارىلەر 64
«ئۇرىم ۋە تۇممىم» 66
«ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» 66
«ئۆزگەرمەس مۇھەببەت» – ئىبرانىي تىلىدا «خەسەد» 66
«ئۆزۈڭلارنى پاك قىلىڭلار» ياكى «ئۆزۈڭلارنى پاك-مۇقەددەس قىلىڭلار» 67
«ئېپىكۇرىئانىزم» (ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر «ئېپىكۇرلار» دېيىلىدۇ) 68
«ئىبادەتخانا» (مۇقەددەس ئىبادەتخانا) 68
«ئىبرانىي» 69
«ئىسرائىل»، «ئىسرائىللار»، «يەھۇدا»، «يەھۇدىيلار» 69
«ئىلاھلار» دېگەن سۆز توغرۇلۇق 70
«يات ئەللەر» («تائىپىلەر») 71
«يەتتىنچى يىلى» ۋە «بۇرغا چېلىش يىلى» 71
«يەھۇدا» — «ئىسرائىل»، «ئىسرائىللار»، «يەھۇدا»،
«يەھۇدىيلار»نى كۆرۈڭ. 69
«يەھۇدىيە» 72
«يۇقىرى جايلار» 72
«يەھۇدىيلار» — «ئىسرائىل»، «ئىسرائىللار» ، «يەھۇدا»،
«يەھۇدىيلار»نى كۆرۈڭ. 69
«يېتەكچى» 73
«يوقلاش» (خۇدانىڭكى) — «خۇدانىڭ يوقلىشى»نى كۆرۈڭ 42
«يېڭى ئەھدە» — «كونا ئەھدە» ۋە «يېڭى ئەھدە»نى كۆرۈڭ 54

# جەدۋەللەر

تەۋرات، ئىنجىلدا ئىشلىتىلگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرى 74-78
مۇقەددەس كىتابتىكى قىسىملارنىڭ قىسقارتىلما ناملىرى 79-81
تەۋرات كالېندارى؛ ئايلار ۋە ھېيتلار جەدۋىلى 82
مۇقەددەس كىتابنىڭ (ئاددىيلاشتۇرۇلغان) تارىخىي جەدۋىلى 83-89

## خۇدانىڭ تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىلدا ئاتالغان ناملىرى

(1) «ئەلوھىم» ۋە (2) «ئەل» ياكى «ئەلوئاھ» — ئادەتتە «خۇدا» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

ئىبرانىي تىلىنىڭ مۇنداق قىزىق ئىككى ئالاھىدىلىكى بار. بىرىنچى، بەزى سۆزلەر پەقەت كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىبرانىي تىلىدا «سۇلار» («مايىم») دېگەن كۆپلۈك شەكىللا بار؛ «سۇ» دېگەن بىرلىك شەكىل يوق. «ئاسمانلار» («شامايىم») دېگەن كۆپلۈك شەكىللا بار؛ «ئاسمان» دېگەن بىرلىك شەكىل يوق. ئىبرانىي تىلىدا ئادەتتە «خۇدا» دېيەلمەيدۇ، «خۇدالار» («ئەلوھىم» ياكى «ئېلوھىم») دېيىلىدۇ، لېكىن مەنىسى يەنىلا «خۇدا»دۇر. «خۇدا» «بىرلىك شەكىل»دە ئىشلىتىلسە، «ئەل» دېيىلىدۇ، مەسىلەن «ئەل-شادداي» (ھەممىگە قادىر خۇدا). بۇ شەكىل ئاز ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىبرانىي تىلىدا «كۆپلۈك»نى بىلدۈرىدىغان ئىككى خىل «قوشۇمچە» بار. بىرىنچى قوشۇمچە «-وت» بولۇپ، «ئىككى»نى بىلدۈرىدۇ؛ ئىككىنچى قوشۇمچە «-ىم» ياكى «-ھىم» بولۇپ، «ئۈچ» ياكى «ئۈچتىن كۆپ»نى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «كىتاب» دېگەن سۆزنى تۈرلەپ كۆرسەتسەك ئۇنىڭ شەكىللىرى مۇنداق بولىدۇ: —

«كىتاب» — بىرلا كىتاب

«كىتابوت» — ئىككى كىتاب

«كىتابىم» — ئۈچ ياكى ئۈچتىن كۆپ كىتاب.

ئىبرانىي تىلىدا «خۇدا» بىرلىك شەكلىدە ئىشلىتىلەنسە، «ئەل» دېيىلىدۇ. بىز بۇنى ئادەتتە «ئىلاھ» ياكى «تەڭرى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

ئەمسى يەنە «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1:1نى كۆرەيلى: — «مۇقەددەمدە خۇدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتتى»

دەرۋەقە، «خۇدا» دېگەن سۆز مۇشۇ يەردە ئىبرانىي تىلىدىكى «ئەلوھىم» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، «ئەلوھىم» «كۆپلۈك»، يەنى «ئۈچ ياكى ئۈچتىن كۆپ» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك پېئىل بولسا «بىرلىك شەكلى»دە ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس كىتابنىڭ: — «مۇقەددەمدە خۇدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتتى» دېگەن بىرىنچى

جۈملىسىدە «خۇدا» دېگەن سۆز «ئۈچ ياكى ئۈچتىن كۆپ» دېگەن شەكىلدە، يەنى «ئەلوھىم» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن پېئىل («ياراتتى») بولسا «بىرلىك شەكلى»دە ئىپادىلىنىدۇ. «ياراتتى» دېگەن پېئىل «ئىككىلىك شەكىلدە» ياكى «كۆپلۈك شەكىلدە» ئۇچرىمايدۇ.

ئىبرانىي تىلىدا ئەگەر بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى خۇدا «بىرىنچى شەخس» بىلەن ئىپادىلەنسە، ئۇنداقتا «ياراتتى» دېگەن پېئىل «ياراتتۇق» دېيىلمەي، يەنىلا «ياراتتىم» دېيىلەتتى.

دېمەك، مۇقەددەس كىتابنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە خۇدا كۆپلۈك شەخستە بولسىمۇ، بىرلا شەخستەك ئىش كۆرىدۇ، دېگەن ئۇقۇم پۈركەتىلىدۇ. كۆپ ئالىملار بۇ ئۇقۇمغا ئاساسەن خۇدا «ئۈچىنىڭ بىرلىكى» ياكى «ئۈچ بىر گەۋدە»، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە شۇنداق بىر ئىپادە مۇقەددەس يازمىلاردا بىۋاستە تېپىلمىسىمۇ، بۇ ھەقىقەتنى تەۋراتتا ھەم ئىنجىلدا روشەن كۆرسىتىلگەن بىر تەلىم، دەپ ئىشىنىمىز.

تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن خۇدانىڭ ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە «ئەلوھىم» دېگەن نام ئىشلىتىلگەن بولسا، شۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك خۇدانىڭ ھەرىكىتى «بىرلىك شەكلى»دىكى پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(3) «ياھۋەھ» — «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلىندى.

تەۋراتتا «پەرۋەردىگار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان نامنىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى تەلەپپۇزى «ياھۋەھ» بولۇشى مۇمكىن. «مىسىردىن چىقىش» دەۋرىدە مۇسا پەيغەمبەرگە ئاتا قىلىنغان ۋەھيي بويىچە «ياھۋەھ» دېگەن نامنىڭ مەنىسى «ئەزەلدىن بار بولغۇچى»، «مەڭگۈلۈك بولغۇچى» ياكى «ئۆزۈم باردۇرمەن» دېگەندەك بولىدۇ («مىس.» 15:3). «ياھۋەھ» دېگەن نام «يار.» 4:2دە بىرىنچى قېتىم ئىشلىتىلگەن. خۇدا ھەر قېتىم ئىنسان بىلەن ئەھدە تۈزگەن چاغلىرىدا ياكى ئىنسان بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە سۆزلىگەن چاغلىرىدا ئاساسەن شۇ نام كۆرۈلگەن؛ سەۋەبى شۈبھىسىزكى، شۇ نام ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس ماھىيىتىنى، ئىنچىل بولۇپ كەلگەن كۆيۈمچانلىقىنى ۋە بىرخىللىق مېھرىبانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھەردائىم ھەربىر ۋەدە سۆزلىرىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. پارسچە «پەرۋەردىگار» دېگەن ئىسىم شۇ مەنىگە ئەڭ يېقىن كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى پارس تىلىدىكى «پەرۋەردىگار» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «خەۋەر

ئالغۇچى»، «پەرۋىش قىلغۇچى» بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار «ياھۋەھ»نى «دائىم بولغۇچى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىدۇ.
بەزىدە شېئىرلاردا «ياھۋەھ» دېگەن نام «ياھ» دەپ قىسقارتىلىدۇ.

(4) «ئادوناي» — «رەب» دەپ تەرجىمە قىلىندى.

(5) «ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى» توغرۇلۇق: —
خۇدانىڭ بۇ ئالاھىدە نامى (1) ئۇنىڭ ئىسرائىل خەلقىنى ئۆزىگە ۋەكىل بولغان گۇۋاھچى ئەل بولۇشقا تاللىغانلىقىنى؛ (2) ئىسرائىلنىڭ خۇدانىڭ ئۆز ھۇزۇرىنى (ئاۋۋال مۇقەددەس چېدىردا، ئاندىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تاللىغانلىقىغا بولغان خۇشاللىقىنى تەكىتلەيدۇ.
تۆۋەندىكى ئايەتنى كۆرۈڭ: —
«زىئوندىكىلەر، تەنتەنە قىلىپ جار سېلىڭلار؛
چۈنكى ئاراڭلاردا تۇرغان ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى بۈيۈكتۇر!» — دېيىسلەر» («يەش.» 6:12)
مۇمكىنچىلىكى باركى، «ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى» دېگەن نام ئالاھىدە قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى كۆرۈپ ئويلاپ كۆرۈڭ.
«چۈنكى پەرۋەردىگار بىزنىڭ قالقىنىمىز،
ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى شاھىمىزدۇر» («زەبۇر» 18:89)
«قورقما، سەن قۇرۇت بولغان ياقۇپ،
ئىسرائىلنىڭ باللىرى!
مەن ساڭا ياردەمدە بولىمەن!» — دەيدۇ پەرۋەردىگار، يەنى سېنىڭ ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچىڭ، ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچى» («يەش.» 14:41)
«مانا، سەن (ئىسرائىل) ئۆزۈڭگە يات بىر ئەلنى چاقىرىسەن،
سېنى بىلمىگەن بىر ئەل يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ؛

سەۋەبى بولسا پەرۋەردىگار خۇدايىڭ، ئىسرائىلدىكى مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ ئۆزىدۇر؛
چۈنكى ئۇ سېنى ئۇلۇغلاپ ساڭا گۈزەللىك-جۇلالىقنى يار قىلدى»
(«يەش.» 5:55)

(6) «تىرىك خۇدا» (مەڭگۈ ھايات خۇدا) توغرۇلۇق: —
«تىرىك خۇدا» (ياكى «مەڭگۈ ھايات خۇدا») دېگەن ئىبارە ئوقۇرمەنلەرگە بەلكىم سەل غەلىتە ياكى ئالاھىدە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. تەۋرات ھەم ئىنجىلدا مەزكۇر ئىبارە مۇقەددەس بەندىلەر تەرىپىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى خۇدا ھەرگىز غەيلەتكە قالغانلار ياكى ئىمانسىز كىشىلەر چوقۇنغان يىرگىنچلىك بۇتلاردەك ساختا بىر ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، ئۇ بەلكى ھەقىقەت، ھايات بىر خۇدادۇر.

(7) ھەممىگە قادىر
«ھەممىگە قادىر» خۇدانىڭ بۇ نامى ئىبرانىي تىلىدا «كۈچلۈك مۆرە بولغان خۇدا» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆز، خۇدانىڭ ھەممە ئىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ نام يەنە «قۇچىقى بار خۇدا»، «قۇچىقى ئېچىلغان بىر خۇدا»مۇ دەپ بىلدۈرىدۇ.

## «خۇدانىڭ ئوغلى»

«خۇدانىڭ ئوغلى» — بۇ نام ھەرگىزمۇ خۇدا بىلەن ئەيسا مەسىھ ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي جەھەتتىكى ئاتا-باللىق مۇناسىۋەتنى ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. «فىلىپپىلىقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

## ئىنسانئوغلى

«ئىنسانئوغلى» دېگەن ئىبارە تەۋراتتا ئالدىن ئېيتىلغان، دۇنيانى قۇتقۇزۇشقا كېلىدىغان «مەسىھ»نى كۆرسىتىدۇ (مەسىلەن، «دان.» 7:13-14). تەۋرات-زەبۇر بويىچە، بۇ ئەۋەتىلگۈچىنىڭ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە شان-شەرىپى بىلەن ئەرشتىن چۈشۈپ، پۈتكۈل ئىنسانلارنى مەڭگۈ باشقۇرىدىغانلىقى ئالدىن ئېيتىلغان.

ئۇنىڭدىن مۇھىمى، بىزنىڭچە، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ نامنى ئۆزى ھەققىدە كۆپ ئىشلىتىشى ئۆزىنىڭ تولۇق ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەت بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئەرش تەرىپىدىن ئېيتقاندا ئاجايىب ئىش شۇكى، گەرچە ئۇ ئەزەلدىن «خۇدانىڭ ئوغلى» بولسىمۇ، ئۇ يەنە «ئىنساننىڭ ئوغلى»مۇ ئىدى.

## «مۇقەددەس روھ» (خۇدانىڭ روھى)

«مۇقەددەس روھ» — خۇدانىڭ روھىنىڭ ئۆزىدۇر. مۇقەددەس روھ تەۋرات ۋە ئىنجىلدا بەزىدە پەقەت «روھ»، ئىنجىلدا بەزىدە «بىردىنبىر پاك-مۇقەددەس روھ»، «ھەقىقەتنىڭ روھى»، «ئەيسانىڭ روھى»، «مەسىھنىڭ روھى» ۋە «رەبنىڭ روھى» دەپ ئاتىلىدۇ («رىم.» 4:1، «يۇھ.» 13:16، «رىم.» 9:8، «1پېت.» 11:1، «روس.» 9:5، 7:16، «كورىنتلىقلار (2)» 17:3). مۇقەددەس روھ بولسا، «ئۈچىنىڭ بىرلىكى» ئۆز ئىچىگە ئالغان روھتۇر. ئۇنىڭ خۇدالىق ماھىيىتى نۇرغۇن يەرلەردىن، جۈملىدىن «روس.» 2:13دىن، شۇنداقلا رەببىمىزنىڭ ئۇ توغرۇلۇق تەلىمىدىن روشەن كۆرۈلىدۇ (مەسىلەن، «يۇھ.» 14-16-بابلاردا). «مۇقەددەس روھ» قانداقتۇر سىرلىق بىر كۈچ ئەمەس، بەلكى سۆز قىلىدىغان، تەلىم بېرىدىغان، يېتەكچىلىك قىلىدىغان، كۈچ ۋە رىغبەت-تەسەللى بېرىدىغان ئۇلۇغ زاتتۇر. جامائەت گۇناھ قىلسا ئۇ ئازابلىنىدۇ («يەش.» 10:63، «ئەف.» 30:4نى كۆرۈڭ)؛ شۇڭا ئۇ «كۈچ» ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ بىر زاتتۇر.

مۇقەددەس روھ (نۇرغۇن مۇسۇلمان ئۆلىمالار ئېيتقاندەك) ئۇلۇغ پەرىشتە جەبرائىل ئەمەستۇر. ئۇ دەل خۇدانىڭ ئۆزىدۇر، پەرىشتە ئەمەستۇر.

## مەسىھ («خۇدانىڭ مەسىھ قىلغىنى»، «خۇدانىڭ مەسىھلىگىنى»، «مەسىھ قىلىنغۇچى») ۋە «مەسىھ قىلىش»، «مەسىھلەش»

«مەسىھ قىلىش» («مەسىھلەش») — خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن ئىسرائىلغا يېڭى بىر پادىشاھ بېكىتىش ئۈچۈن، پادىشاھ بولغۇچىنىڭ بېشىغا كاھىن ياكى پەيغەمبەر تەرىپىدىن زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ مۇراسىم «مەسىھ قىلىنىش» ياكى «مەسىھلەش» دېيىلەتتى؛ شۇنىڭدىن باشلاپ مۇشۇ پادىشاھ «خۇدانىڭ مەسىھ قىلغىنى» دەپ ئاتىلاتتى. مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتىنى قىلغان «قۇربانلىق

قلغۇچى» كاهنلارمۇ مۇشۇ خزمەتكە كرىشش ئۈچۈن «مەسىھ قلىنىشى» كېرەك ئىدى. «مەسىھ قلىنىش» بەزىدە پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۆتكۈزۈلەتتى.

براق ئەيسا مەسىھنىڭ «مەسىھ قلىنىش»ى زەيتۇن مېيى بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆز روھى بىلەن ئۆتكۈزۈلدۇ؛ بۇ ئىش ئىنسان تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، ئۇنى خۇدانىڭ ئۆزى ئۆتكۈزىدۇ. مۇقەددەس يازمىلاردىكى «مەسىھ» توغرىسىدىكى سۆزلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، مەسىھ «پادىشاھ» (پۈتۈن ئالەمنىڭ پادىشاھى)، پەيغەمبەر («سۆزۈمنى ئاغزىغا قويىمەن» دېيىلىدۇ، «قان.» 18:18) ھەم كاھىن-قۇتقۇزغۇچىدۇر (گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىدۇ، گۇناھكارلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ). شۇ ئۈچ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئۇ خۇدانىڭ روھى بىلەن «مەسىھ قىلىنىشى» كېرەك ئىدى.

«مەسىھ» گرېك تىلىدا «خرىستۇس» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى — ئۇ كىم؟

تەۋراتتا ئوقۇرمەنلەر «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» دېگەن سىرلىق نامنى ئۇچرىتىدۇ. بەزى يەرلەردە ئۇ: «خۇدانىڭ پەرىشتىسى» دەپ («يار.» 21:7، 31:11، «مىس.» 19:14، «ھاك.» 6:20، 13:9)، بەزى يەرلەردە پەقەت «بىر ئادەم» دەپ («يار.» 32:24-30)، يەنە بىر يەردە، پەقەت بىرلا قېتىم «پەرۋەردىگارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى» («يە.» 5:13-15) دەپ ئاتىلىدۇ. مۇقەددەس يازمىلاردا مەزكۇر زاتنىڭ ئايان بولۇشى خاتىرىلەنگەن ھەربىر جايدا، ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلسا، تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشلاردىن بىرى-ئىككىسى ياكى ھەممىسى كۆرۈنۈشى مۇمكىن: —

(ئا) «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نىڭ سۆزلىرى خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرى دەپ ھېسابلىنىدۇ (مەسىلەن، «يار.» 16:7-14، «ھاك.» 2:1)

(ئە) بۇ زاتنى كۆرگەن كىشىلەر شۇ ھامان «خۇدانى كۆردۈم» دەپ بىلىدۇ («يار.» 32:24-30، «ھاكىملار» 13:2-23).

(ب) «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى خۇدانىڭ ئۆز ئىش-ھەرىكەتلىرى قاتارىدا خاتىرىلىنىدۇ («يار.» 31:11-13، «چۆل.» 22:22-35، «زەك.» 12:8).

شۇڭا خۇلاسىمىز شۇكى، «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» خۇدانىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشى بولۇپ، ئۇ مەسىھنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئەمەستۇر. «يار.» 7:16نى ۋە ئىزاھاتىنىمۇ كۆرۈڭ.

باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، «پەرىشتە» ئىبرانىي تىلدا «مالاك» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىپ، تۈپ مەنىسى «ئەلچى» «ئەۋەتىلگۈچى» دېگەنلىكتۇر. مۇقەددەس يازمىلاردا «پەرىشتىلەر» تىلغا ئېلىنغاندا، ئادەتتە خۇدا ياراتقان مىليونلىغان «ئەلچىلەر»نى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» بۇلارغا مۇتلەق ئوخشىمايدىغان بىر شەخستۇر. بۇ ئىش «مىك.» 2.5دىن كۆرۈنىدۇ: «سەن، ئى بەيت-لەھەم-ئەفراتاھ، يەھۇدادىكى مىڭلىغان شەھەر-يېزىلار ئارىسىدا ئىنتايىن كىچىك بولغان بولساڭمۇ،
سەندىن مەن ئۈچۈن ئىسرائىلغا ھاكىم بولغۇچى چىقىدۇ؛
ئۇنىڭ ھۆزۈرۈمدىن چىقىشلىرى قەدىمدىن تارتىپ،
يەنى ئەزەلدىن تارتىپ بولۇۋاتىدۇ».
بۇ بېشارەت خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن «ئەزەلدىن تارتىپ... چىققۇچى» بىر زاتنى تەسۋىرلەيدىغان ئوچۇق بىر باياندۇر — دېمەك، بۇ زاتنىڭ «باشلىنىشى» يوقتۇر. بۇ ئايەتتە بۇ زات دەل بەيت-لەھەم شەھىرىدە تۇغۇلىدىغان مەسىھنىڭ ئۆزى دەپ ئېلان قىلىنىدۇ («مات.» 2:5-6). خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن ئۇنىڭ ئىرادىسىنى مۇكەممەل ئىجرا قىلىشقا «چىقىدىغان» زات سۈپىتىدە ئۇ يەنە تەۋراتتا «خۇدانىڭ دانالىقى» («پەند.» 8-9-بابلار) ھەم شۇنداقلا ئىنجىلدا «كالام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنجىلدا «ھەممىدىن بۇرۇن «كالام» بار ئىدى ۋە ئۇ خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم ئۆزى خۇدا ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن خۇدا بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ ئارقىلىق بارلىق مەۋجۇداتلار يارىتىلدى ۋە يارىتىلغان مەۋجۇداتلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭسىز يارىتىلغان ئەمەس» دەپ ئوقۇيمىز («يۇھ.» 1:1-3).
شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى»نى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى، يەنى «خۇدانىڭ كالامى»، «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ قارايمىز. ئوقۇرمەن ئۆزى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردىن ياكى تەۋراتتىن «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» خاتىرىلەنگەن ھەرقانداق ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئېيتقانلىرىمىزنىڭ دۇرۇس ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ باقسۇن.

## «تەۋرات» ۋە «زەبۇر»

ئۇقۇرمەنلەرنىڭ بەزىلىرىگە سەل ھەيران قالارلىق بولۇشى مۇمكىنكى، تەۋرات ۋە ئىنجىل بىرلا مۇئەللىپ تەرىپىدىن كۆپ قىسىملىق بولۇپ پۈتۈلگەن كىتاب بولماستىن، بەلكى قىرىقتىن ئارتۇق مۇئەللىپ تەرىپىدىن پۈتۈلگەن كۆپ قىسىملىق بىر كىتابتۇر.

«تەۋرات» — ئىبرانىي تىلىدا «توراھ» — «يوليورۇق»، «تەلىم-تەربىيە» دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭدا جەمئىي 39 قىسىم، جۈملىدىن «زەبۇر» باردۇر (يەھۇدىيلار شۇ 39 قىسىمنى 36 قىسىم، بەزىدە 22 قىسىم دەپ ھېسابلايدۇ).

تەۋراتنىڭ ئاۋۋالقى بەش قىسمى دەرۋەقە مۇسا پەيغەمبەر تەرىپىدىن پۈتۈلگەن؛ قالغان قىسىملىرى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ھۆكۈمالىرى خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن ئايرىم-ئايرىم پۈتكەن خاتىرىلەردۇر.

«زەبۇر» بولسا كۆپ دۇئا شېئىرلىرى ۋە مەدھىيە شېئىرلىرىدىن ئىبارەت بولغان بىر توپلىمدۇر.

«تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلغا كىرىش سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

## «زەبۇر»

«تەۋرات» ۋە «زەبۇر»نى كۆرۈڭ.

## «ئىنجىل»

«ئىنجىل» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچە ئارقىلىق كىرگەن بولۇپ، ئەسلىدە «ئەۋانجېل» دېگەن گرېك تىلىدىكى سۆز ئىدى. مەنىسى «خۇش خەۋەر»دۇر. ئىنجىل سەككىز مۇئەللىپ يازغان 27 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بىر توپلىما كىتابتۇر؛ كىتابنىڭ ئۆزگەرمەس، بىردىنبىر تېمىسى بولسا خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بېغىشلىماقچى بولغان كەچۈرۈم-نىجاتى توغرۇلۇق خۇش خەۋەردىن ئىبارەتتۇر.

«ئىنجىل»دىكى «كىرىش سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

# باشقىلار

## «ئاببا»

«ئاببا» — ئارامىي تىلىدا «دادا»، «ئاتا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ شۇنىڭدەك ھەم چوڭقۇر ھۆرمەت ھەم چوڭقۇر مۇھەببەت-سۆيگۈنى بىلدۈرىدۇ. رەببىمىز ئەيسا خۇدائاتىغا دۇئا قىلغاندا دائىم بۇ نامنى ئىشلەتتى («مات.» 59:26، «رىم.» 15:8نى كۆرۈڭ).

## «ئارامىي تىلى»

«ئارامىي تىلى» — «سۇرىيە»نىڭ كونا ئىسمى «ئارام» ئىدى. كونا زاماندا «سۇرىيە تىلى» «ئارامىي تىلى» دېيىلەتتى. ئارامىي تىلى ئىبرانىي تىلىغا يېقىن بولۇپ، تەۋراتتىكى بەزى قىسىملار ئارامىي تىلىدا يېزىلغان («ئەزرا» ۋە «دانىيال»لارنىڭ بىر قىسمى). تەۋرات دەۋرىدە ئارامىي تىلى كۆپ شەرقىي دۆلەتلەردە سودا ياكى دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا ئالاقە تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلەتتى. مىلادىيە 5- ياكى 6-ئەسىردە ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئارامىي تىلى ئارقىلىق مۇقەددەس يازمىلاردىن بەزىلىرىنى قوبۇل قىلىپ تەرجىمە قىلدى. ئاسۇرىيەمۇ ئارامىي تىلىنى ئىشلىتەتتى.

## «ئاسمانلار» (ئەرشلەر)

مۇقەددەس كىتاب بويىچە ھازىر ئۈچ ئاسمان بار: —

بىرىنچى — يەر شارىنىڭ ئەتراپىدىكى «ئاتموسفېرا» («يار.» 1:6-9؛

ئىككىنچى — چوڭ «ئالەم بوشلۇقى»، قۇياش، يۇلتۇزلار جايلاشقان بوشلۇق («يار.» 1:14-19، «ئايۇپ» 7:26، «زەب.» 3:8، «يەش.» 5:42، 9:55؛ (3) خۇدانىڭ دەرگاھى («زەب.» 4:2، 1:8، «يەش.» 1:66، «كورىنتلىقلار (2)» 1:12 قاتارلىقلار). شۇڭا مۇقەددەس كىتابتىكى كۆپ يەرلەردە پەقەت «ئاسمان»لا دېيىلمەي، بەلكى «ئاسمانلار» دېيىلىدۇ.

مۇقەددەس كىتابقا ئاساسەن، خۇدانىڭ ھازىرقى دەرگاھىنى «جەننەت» دېگىلىمۇ بولىدۇ («لۇقا» 43:23، «كورىنتلىقلار (2)» 8:5).

ئاخىرەتتە ھازىرقى يەر-زېمىن يوقىتىلىدۇ، پۈتۈنلەي يېڭى ئاسمان-زېمىن يارىتىلىدۇ («يەش.» 22:66، «2پېت.» 13:3، «ۋەھ.» 1:21).

## «ئاشەراھ»، «ئاشەراھلار»، «ئاشەراھ بۇتلار»

«ئاشەراھ بۇتلار» — بەلكىم بۇتپەرەسلىككە بېغىشلانغان دەرەخلىكلەردۇر. دەرەخلەر بەلكىم «ئايال مەبۇد» شەكلىدە ئويۇلغان ياكى نەقىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

## «ئاقساقال»

«ئاقساقال» — مەلۇم يەردىكى جامائەتكە يېتەكچى بولغان بىر كىشىنى كۆرسىتىدۇ. «فىلىپپىلىقلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

## «ئامىن!»

تەۋراتتا ۋە ئىنجىلدا «ئامىن!» دېگەن سۆز ئىنتايىن مۇھىم؛ مەنىسى «شۇنداق بولسۇن!» ياكى «شۇنداق بولغاي!» «خۇدا شۇنداق قىلغاي!» دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، «ئامىن»نىڭ ئەھمىيىتى ۋە مۇھىملىقى «كورىنتلىقلار (1)» 16:14 ۋە «كورىنتلىقلار (2)» 20:1دىن كۆرۈلىدۇ.

## ئايالچە رود ۋە ئەرەنچى رود

ئىبرانىي تىلىدا، بارلىق ئىسىملار «ئەرەنچى رود» ۋە «ئايالچە رود»قا بۆلۈنىدۇ. بۇ نۇقتىسى مۇھىم بولۇپ قالغاندا ئىزاھاتلاپ بېرىمىز.

## «ئەبەدىي»، «مەڭگۈ»

تەۋراتتا دائىم دېگۈدەك «ئەبەدىي» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز («ئولام») ئىبرانىي تىلىدا ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: (1) مەڭگۈ دېگەننى؛ (2) شۇ ۋاقىتتىكى چېكى بېكىتىلمىگەن، قەرەلسىز، مۆھلەتسىز ئۇزۇن بىر مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. «لاۋىيلار»تىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

## «ئەتىگەنلىك قۇربانلىق» ۋە «كەچلىك قۇربانلىق»

تەۋراتتا «ئەتىگەنلىك قۇربانلىق» ۋە «كەچلىك قۇربانلىق» (بەزىدە «ئەتىگەنلىك ئاش ھەدىيە» ۋە «كەچلىك ئاش ھەدىيە»، دېيىلىدۇ) — مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئىسرائىل ئۈچۈن كاھىنلار ۋەكىل بولۇپ مۇقەددەس چېدىرنىڭ (كېيىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ) قۇربانگاھى ئۈستىگە ھەر ئەتىگەندە، ھەر كەچتە بىر ياشلىق قوزا قۇربانلىقى سۇنۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك «قوزا قۇربانلىقى»نى ئىسرائىلنىڭ بارلىق ئىبادىتىنىڭ ئاساسى دېگىلى بولىدۇ («مىس.» 29:38-43).

## «ئەجدىھالار» ھەم «لېۋىئاتان»

«ئەجدىھالار» ھەم «لېۋىئاتان» دېگەن سۆزلەر تەۋرات ۋە ئىنجىلدا بەزى ۋاقىتلاردا دېڭىزدىكى ھەقىقىي ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ (مەسىلەن، «ئايۇپ» 41-باب، «زەب.» 26:104، 7:148؛ بەزى ۋاقىتلاردا جىن-شەيتانلارنىڭ كۈچ-قۇدرەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ ياكى شەيتانغا سىمۋول قىلىنىدۇ (مەسىلەن، «زەب.» 13:74، «يەش.» 1:27، «ۋەھ.» 12-13-بابلار).

## ئەرەنچى رود ۋە ئايالچە رود

ئىبرانىي تىلىدا، بارلىق ئىسىملار «ئەرەنچى رود» ۋە «ئايالچە رود»قا بۆلۈنىدۇ. بۇ نۇقتىسى مۇھىم بولۇپ قالغاندا ئىزاھاتلاپ بېرىمىز.

## «ئەفود»

«ئەفود» بولسا ئادەتتە باش كاھىن (بەزىدە باشقا كاھىنلار) ئالاھىدە كىيىدىغان پىنجەككە ئوخشاش بىر كىيىم ئىدى («مىس.» 28-بابنى كۆرۈڭ). ئۇنداق كىيىمنى كىيىش ئۆزىنى خۇدانىڭ خىزمىتىگە ئالايىتەن بېغىشلاشنى بىلدۈرەتتى. ئەفود ئىچىدە «ئۇرىم ۋە تۇممىم» دېگەن ئىككى ئالاھىدە تاش بار ئىدى («ئۇرىم ۋە تۇممىم» توغرۇلۇق كۆرۈڭ).

## «ئەك مۇقەددەس جاي»

«مۇقەددەس جاي» توغرۇلۇق مەزمۇننى كۆرۈڭ.

## «ئەھدە»

تەۋرات ۋە ئىنجىل بويىچە، «ئەھدە» بولسا قەسەم، شۇنداقلا كۆپ قېتىم مەلۇم قۇربانلىقنىڭ قېنى بىلەن جەزمەنلەشتۈرۈلگەن بىر ۋەدىدۇر (مەسىلەن، «ئىبر.» 16:6-18نى كۆرۈڭ). «ئەھدە» خۇدا بىلەن ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. «ئەھدە تۈزۈش» («ئەھدە كېسىش»)نىمۇ كۆرۈڭ.

## «ئەھدە تۈزۈش» («ئەھدە كېسىش»)

كونا زامانلاردا ئىككى تەرەپ بىر-بىرى بىلەن ئەھدە تۈزمەكچى بولسا، ئاۋۋال كالا ياكى قوينى سويۇپ، ئىككى پارچە قىلىپ پارچىلايتتى؛ ئاندىن ئىككى تەرەپ سويۇپ ئىككى پارچە قىلغان مالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تەڭ ئۆتۈپ بىر-بىرىگە قەسەم قىلاتتى. بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى بەلكىم: «قايسىمىز ئەھدىنى بۇزساق، خۇدا بۇ سويغان مالغا ئوخشاش قىلسۇن!» دېمەكلىكتۇر. شۇڭا ئىبرانى تىلىدا «ئەھدە تۈزۈش» ئادەتتە «ئەھدە كېسىش» دېيىلىدۇ. «يار.» 15-باب، «يەر.» 8.34، 18-20-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ.

## «ئەھدەساندۇقى»

مۇسا پەيغەمبەر «ئون ئەمر» خاتىرىلەنگەن «ئىككى تاش تاختاي»نى خۇدادىن تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خۇدا ئۇلارنى ساقلاش ئۈچۈن بىر ساندۇق ياساشنى بۇيرۇغان. بۇ ساندۇق «ئەھدە ساندۇقى» دەپ ئاتالغان، بەزىدە «گۇۋاھ-ھۆكۈم ساندۇقى»مۇ دېيىلگەن؛ ئۇنىڭ ياپقۇچى «كافارەت تەختى» دەپ ئاتالغان («كافارەت» توغرۇلۇق مەزمۇننى كۆرۈڭ).

ئىسرائىل چۆل-باياۋاندا سەپەر قىلغان ۋاقىتلاردا «ئەھدە ساندۇقى»نى كاھىنلار كۆتۈرەتتى.

## «بائال»لار

ئىبرانىي تىلىدا «بائال» دېگەن سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى «خوجا»، «خوجايىن». بەزى يەرلەردە مەنىسى «ئىگە» بولىدۇ (مەسىلەن «مىس.» 28:21دە «كالىنىڭ

ئىگىسى»). بەزىدە ئايال ئۆز ئېرىگە سۆز قىلغاندا ئۇنى «مېنىڭ «بائال»ىم» دەيدۇ («ھوش.» 16:2نى كۆرۈڭ). لېكىن بۇتپەرەس يات ئەللىكلەر ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بۇتلارنى دائىم «بائال» دېگەچكە، ئىسرائىللار خۇدادىن ئەيمىنىدىغان بولسا ئادەتتە خۇدانى كۆرسىتىشكە شۇ نامنى ئىشلىتىشتىن تىلىنى تارتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، بىز «بائال» ياكى «بائاللار» دەپ تەرجىمە قىلغان يەرلەردە تائىپىلەر چوقۇنىدىغان بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

## «باش كاھىن»

كاھىنلار ئىچىدە پەقەت بىر ئادەم «باش كاھىن» ئىدى. ئۇ دەرۋەقە بارلىق كاھىنلارغا يېتەكچى ئىدى؛ ئۇنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىلىرى ئىچىدىن ئەڭ مۇھىمى «كافارەت كۈنى»دە ئۆزى ئۈچۈن ۋە جەمەتىدىكىلەر ئۈچۈن، ئاندىن پۈتكۈل خەلق ئۈچۈن، «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا كىرىپ كافارەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىردىنبىر «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا كىرەلەيدىغان ئادەم باش كاھىن ئىدى؛ ئۇ بىر يىلدا پەقەت «كافارەت كۈنى»دىلا «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا كىرەلەيتتى.

مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئاكىسى ھارۇن تۇنجى باش كاھىن بولغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەتتە سابىق باش كاھىننىڭ تۇنجى ئوغلى باش كاھىنلىققا بېكىتىلەتتى.

## بەرىكەت ۋە لەنەت

دېمىسەكمۇ، «بەرىكەت» (ئىبرانىي تىلدا «بارۇق») پەقەت خۇدانىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىشتۇر. ھېچكىم ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىرخىل پەزىلىتى ياكى ئاتالمىش «ساۋابلىق ئىش»ى ئۈچۈن «بەرىكەتكە ئېرىشىشكە تېگىشلىك» دەپ ھېسابلانمايدۇ ۋە ھېسابلىنالمايدۇ. ئىنسان باللىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ نۇرغۇن گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن «تېگىشلىك» ئېرىشىدىغىنى بولسا دوزاخ، يەنى ھەممىگە قادىردىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تەۋرات ۋە ئىنجىلدا بەزىدە مەلۇم بىر كىشى باشقا بىرسىنى «بەرىكەتلەيدۇ» — بۇنداق ئىبارە شۇ كىشىگە: «ھەممىگە قادىر ساڭا بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلغاي!» دېگەنلىكنىڭ قىسقا بىر ئىپادىسىدۇر، خالاس.

ھالبۇكى، «لەنەتلەر» ۋە قارغىش بولسا جەزمەن «ئېرىشىشكە تېگىشلىك» ئىشتۇر. ئەڭ دەھشەتلىك لەنەت ياكى قارغىش ئەلۋەتتە گۇناھىمىزدىن بولغان — خۇدانىڭ

شەرەپلىك ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم بولۇش، يەنى دوزاختۇر. شۇنىڭدىن باشقا، مۇقەددەس كىتابتا بەزى ئادەملەر (تەۋرات دەۋرىدىمۇ، ئىنجىل دەۋرىدىمۇ) مەلۇم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئالاھىدە لەنەت ياكى جازا ئاستىدا تۇرىدۇ، دېيىلىدۇ.

ئىنجىلدا، «گال.» 10:3-14دە: «لېكىن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىمىز دەپ يۈرگەنلەر بولسا ھەممىسى لەنەتكە قالىدۇ. چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا مۇنداق يېزىلغان: «تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغان ھەممە ئەمرلەرگە ئۈزلۈكسىز ئەمەل قىلماي۟ۋاتقان ھەربىر كىشى لەنەتكە قالىدۇ». يەنە روشەنكى، ھېچكىم خۇدانىڭ ئالدىدا قانۇنغا ئىنتىلىش ئارقىلىق ھەققانىي قىلىنمايدۇ؛ چۈنكى مۇقەددەس كىتابتا يېزىلغىنىدەك: — «ھەققانىي ئادەم ئىشەنچ-ئېتىقادى بىلەن ھايات بولىدۇ». ئەمما قانۇن يولى ئېتىقاد يولىغا ئاساسلانغان ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس كىتابتا: — «قانۇنىنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلغۇچى شۇ ئىشلار بىلەن ھايات بولىدۇ» دېيىلگەندەكتۇر. ھالبۇكى، مەسىھ بىزنى تەۋرات قانۇنىدىكى لەنەتتىن ھۆر قىلىش ئۈچۈن ئورنىمىزدا لەنەت بولۇپ بەدەل تۆلىدى. بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلاردا: «ياغاچقا ئېسىلغان ھەرقانداق كىشى لەنەتكە قالغان ھېسابلىنىسۇن» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق ئىبراھىمغا ئاتا قىلىنغان بەخت يات ئەللىكلەرگىمۇ كەلتۈرۈلۈپ، بىز ۋەدە قىلىنغان روھنى ئېتىقاد ئارقىلىق قوبۇل قىلالايمىز» دەپ ئوقۇيمىز

لەنەتلەر ۋە قارغىشلاردىن بىردىنبىر قۇتقۇزۇش يولى مەسىھدۇر.

نۇرغۇن ئادەملەر مەلۇم بىر قارغىش سۆزلىرى ياكى قەسدەن-دەممدە تۈپەيلىدىن توختاۋسىز ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدۇ. شۇنداق قەسدەن-دەممدە كۈچكە ئىگىمۇ، ئەمەسمۇ (كۈچكە ئىگە بولسا جىن-شەيتانلار تۈپەيلىدىن شۇنداق بولىدۇ)؟ مەسىھكە تايانغان كىشىنىڭ شۇنداق ئىشلاردىن قورقۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى — چۈنكى «ئۇ بىزنى قاراڭغۇلۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىپ، سۆيگەن ئوغلىنىڭ پادىشاھلىقىغا يۆتكەپ قويدى» (كولوسسىلىقلارغا 13:1).

## «پادىشاھ..... پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلدى»

تەۋراتتىكى «پادىشاھلار» ۋە «تارىخ-تەزكىرە»دە كۆپ قېتىم كۆرۈلگەن «پالانچى

پادىشاھ.... پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلدى» دېگەندەك ئىبارىلەر شۇ پادىشاھنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي دۇرۇس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە، بەلكى شۇ پادىشاھ خۇدانىڭ ئالدىدا ئېتىقادىتىن بولغان ياكى ئېتىقادقا ئۇيغۇن كەلگەن مۇددىئا-مەقسەتلەر بىلەن ئىش كۆرگەن، دەپ كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭدەك «پادىشاھ.... پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل بولغاننى قىلدى» دېگەندەك ئىبارىلەر شۇ پادىشاھنىڭ خۇداغا بولغان ھەقىقىي ئېتىقادتا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ دەرۋەقە ئۇنداق پادىشاھنىڭ ئىشلىرى ئالد-كەينى رەزىل كۆرۈنىدۇ. «ئەمدىلىكتە ئېتىقاد بولماي تۇرۇپ، خۇدانى خۇرسەن قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ چۈنكى خۇدانىڭ ئالدىغا بارىدىغان كىشى ئۇنىڭ بارلىقىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدىگەنلەرگە ئەجرىنى قايتۇرغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى كېرەك» («ئىبر.» 6:11)، «ئىشەنچتىن بولمىغان ھەرقانداق ئىش گۇناھتۇر» («رىم.» 23:14).

## «پاسخا»

«پاسخا» — «ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى»نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. ئۇ ئىبرانىي تىلىدىكى «پېساق» («ئۆتۈپ كېتىش») دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

## پالچىلىق
## خۇدانىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىرى ۋە پالچىلىق

خۇدانىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىرى (مەيلى تەۋرات دەۋرىدە ياكى ئىنجىل دەۋرىدە بولسۇن) يەتكۈزگەن ۋەھىي-بېشارەتلەر بىلەن پالچىلارنىڭ پاللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر نېمە؟

## تەۋرات (كونا ئەھدە) دەۋرىدە ئاتا قىلىنغان بېشارەتلەر

تەۋرات دەۋرىدە ئىسرائىل ئىچىدە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بار ئىدى. بۇلار ئىچىدىكى بەزى مۇھىم پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى تەۋرات ئىچىدە توپلانغاندۇر. لېكىن ئىلياس، ئېلىشامۇ مۇھىم پەيغەمبەرلەر بولسىمۇ، بىرگە ھېچقانداق كىتابلار قالدۇرمىغان. ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بار ئىدى؛ بەزى ۋاقىتلاردا مەلۇم بىر پەيغەمبەرنىڭ تەلىمگە ئەگەشۋاتقان بىرنەچچە تۈركۈم ياشلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار «پەيغەمبەرلەرنىڭ

ئوغۇللىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارمۇ بەزىدە ۋەھىي-بېشارەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا مۇيەسسەر ئىدى. مەسىلەن، «1سام.» 5:10، 12-10:10، 24-19:19، «1پاد.» 13:18، «2پاد.» 7-3:2نى كۆرۈڭ.

باشقا يەرلەردە ئېيتقىنىمىزدەك، تەۋرات دەۋرىدە خۇدانىڭ ۋەھىي-بېشارەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى پەقەت كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئالدىنئالا ئېيتىشلا ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى زاماندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەم ئەينى زاماندا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق ئىشلار ئېنىقلانغاندىن كېيىن خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ئەينى ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىپ خۇدادىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى پۈتۈنلەي روشەن بولاتتى.

تەۋرات دەۋرىدە كىشىلەر مەلۇم ئەخلاقىي مەسىلە توغرۇلۇق يول بىلىشى كېرەك بولسا، ئۇلار كاھىن ياكى لاۋىيلارنى ئىزدىسە بولاتتى. كاھىنلارنىڭ ۋەزىپىسى خۇدانىڭ قانۇن-بەلگىلىمىلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىش ئاندىن باشقىلارغا ئۆگىتىش بولۇپ، سورىغان كىشىگە ئېنىق بىر جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى («مال.» 9-4:2). ئىبادەتخانىدا قۇربانلىقلارنى ئۆتكۈزۈشتىن باشقا، بۇمۇ كاھىنلارنىڭ ۋە شۇنداقلا لاۋىيلىقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىدى.

كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەل قىلىشى تەس بولغان مەلۇم شەخسىي ئىشى بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارغا يېقىن پەيغەمبەر بار بولسا، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئەركىنلىك بىلەن سورىسا بولاتتى. بۇ ئىش «1سام.» 10-1:9دا كۆرۈنىدۇ. سائۇل ئاتىسى تەرىپىدىن يىتىپ كەتكەن بىرنەچچە ئېشەكلەرنى ئىزدەشكە ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئۇنىڭغا سامۇئىل پەيغەمبەر بىزگە يول كۆرسىتىشى مۇمكىن، دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. بىراق ئۇلار ئىككىسى پەيغەمبەر سامۇئىلنىڭ ياردىمى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەدىيە بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەكسىچە، سامۇئىل پەيغەمبەر ئۇلارنى كۈتۈپ زىياپەت بېرىدۇ.

شۇڭا، تەۋرات دەۋرىدە خۇدانىڭ خەلقىگە ئەخلاقىي مەسىلىلەر ياكى شەخسىي ئىشلار توغرۇلۇق نەسىھەت زۆرۈر بولسا ئادەتتە بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ۋاستە بولغان ئادەم ئارقىلىق بېرىلەتتى.

«يېڭى ئەھدە»دە خۇدا مۇنداق ۋەدە قىلىدۇ: — خۇدا ئۆز خەلقى بىلەن بىۋاستە بىرخىل مۇناسىۋەت-ئالاقە قىلىشنى خالايدۇ. خۇدانىڭ شۇ مەقسىتى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ

«چۆل.» 29.11دە خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىدە كۆرۈنىدۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ پۈتۈن خەلقى پەيغەمبەر بولۇپ كەتسە ئىدى، پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ روھىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويسا ئىدى!». مۇسانىڭ شۇنداق ئىنتىزارى خۇدانىڭ شۇ ۋاقىتقىچە ئۆز خەلقىدە قىلغان ئىشلاردىن تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىھنىڭ قۇربانلىقى، يەنى ئۇنىڭ گۇناھكارلار ئۈچۈن تۆكۈلگەن قېنى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن «يېڭى ئەھدە»نىڭ مەزمۇنى يەرەمىيا پەيغەمبەر ۋاستىسى بىلەن ئالدىنئالا ئېيتىلغان: «شۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئىسرائىل جەمەتى بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى:

— مەن ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە سالىمەن،
ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ يازىمەن.
مەن ئۇلارنىڭ ئىلاھى بولىمەن،
ئۇلارمۇ مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ.

شۇندىن باشلاپ ھېچكىم ئۆز يېقىنىغا ياكى ئۆز قېرىندىشىغا: -- «پەرۋەردىگارنى تونۇغىن» دەپ ئۆگىتىپ يۈرمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە ھەممىسى مېنى تونۇپ بولغان بولىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كەچۈرىمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز ئېسىگە كەلتۈرمەيمەن، -- دەيدۇ پەرۋەردىگار» («يەر.» 31:31-34).

## ئىنجىل (يېڭى ئەھدە) دەۋرىدە ئاتا قىلىنغان بېشارەتلەر

يەرەمىيا پەيغەمبەر يەتكۈزگەن يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «يېڭى ئەھدە» توغرىسىدىكى بېشارەت-ۋەدىگە قارىغاندا، ھەربىر ئوقۇرمەن شۇنى كۆرەلەيدۇكى، «يېڭى ئەھدە» بارلىققا كەلگەن دەۋردە پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ رولىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. بارلىق ئېتىقادچىلارنىڭ خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاستە شەخسەن مۇناسىۋىتى بار بولغاندىن كېيىن، ئۇنداقتا پەيغەمبەر دېگەندەك «ۋاستىچى ئادەم»نىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟ بۇ دەۋردە خۇدانىڭ شان-شەرىپى دەل شۇ ئىشتا كۆرۈلىدۇكى، ئۇنىڭ بارلىق خەلقى ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە مەقسەتلىرى توغرۇلۇق بىۋاستە خەۋەردار بولىدۇ. ئۇنىڭ خەلقى ئۇنىڭ ئەھدىسىگە ھەقىقىي ئىشەنسە، ئۇنداقتا يول سوراش كېرەك

بولسا، ھەرگىز «شەخسىي تۇرمۇشىمىز توغرۇلۇق بېشارەت بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر»نى ئىزدىشىمىزنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. چۈنكى ھەربىرىمىز خۇدانى ئاتا دەپ بىلگەن بولساق، بىۋاستە ئۇنىڭدىن يول سوراش ئىمتىيازىمىز باردۇر!

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنجىلدا جامائەتلەردە پەيغەمبەرلەر بار، دېيىلىدۇ. نېمىشقا؟ سەۋەب «كورىنتلىقلار 3:14»دە كۆرۈنىدۇ: «بېشارەت بېرىدىغان كىشى بولسا ئادەملەرنىڭ ئېتىقادىنى قۇرۇشقا، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ۋە تەسەللى بېرىشكە سۆزلەيدۇ». جامائەتلەردە «بېشارەت بېرىش» دېگەن روھىي ئىلتىپاتنىڭ ئومۇمىي رولى بولسا، تەۋرات-ئىنجىلدىكى ھەقىقەتلەرنى تەستىقلاش ياكى خۇدانىڭ روھلىرىمىزغا ئاللىقاچان ئايان قىلىنغان يولىيورۇقىنى تېخىمۇ ئېنىقلاش ۋە تەستىقلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ. «مات.» 29:22، 11:24، «لۇقا» 25:24نى كۆرۈڭ. «روس.» 2:13دە خۇدانىڭ مەلۇم ئادەمگە كۆرسەتكەن يولى ياكى يولىيورۇقىنى قېرىنداشلار تەرىپىدىن بېشارەت بىلەن تەستىقلاشقا ئوبدان بىر مىسال كۆرۈلىدۇ: «بارناباس بىلەن سائۇلنى مەن ئۇلارنى قىلىشقا چاقىرغان خىزمەت ئۈچۈن ماڭا ئايرىپ قويۇڭلار» دېيىلىدۇ. روشەنكى، خۇدا ئاللىقاچان پاۋلۇس بىلەن بارناباسنى شۇ خىزمەتكە چاقىرغانىدى.

پالچىلىق دېگىنىمىز نېمە ئىش؟ تاۋراتتىكى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئوقۇڭ: --

(«قان.» 22-9:18) «سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا بېرىدىغان زېمىنغا كىرگەن چاغدا، سەن شۇ يەردىكى ئەللەرنىڭ يىرگىنچلىك ئادەتلىرىنى ئۆگەنمەسلىكىڭ كېرەك. ئاراڭلاردا ئۆز ئوغلى ياكى قىزىنى ئوتتىن ئۆتكۈزىدىغان، پالچىلىق، رەمچىلىك، ئەپسانىلىك، جادۇگەرلىك ياكى دەمىدىچىلىك قىلغۇچى ياكى جىنكەش، سېھىرگەر ياكى ئۆلگەنلەردىن يول سورىغۇچى ھېچقانداق كىشى بولمىسۇن؛ چۈنكى بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ھەرقانداق كىشى پەرۋەردىگارغا نەپرەتلىك بولىدۇ؛ بۇ يىرگىنچلىك ئىشلار تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ شۇ ئەللەرنى ئالدىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

سەن پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ئالدىدا ئەيىبسىز مۇكەممەل بولۇشۇڭ كېرەك؛ چۈنكى سەن زېمىنىدىن ھەيدەيدىغان بۇ ئەللەر رەمچىلەر ۋە

پالچىلارغا قۇلاق سالىدۇ؛ بىراق پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سىزنى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ.

پەرۋەردىگار خۇدايىڭ سىلەر ئۈچۈن ئاراڭلاردىن، قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن ماڭا ئوخشايدىغان بىر پەيغەمبەر تۇرغۇزىدۇ؛ سىلەر ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار. بۇ سىلەر ھورەب تېغىدا يىغىلغان كۈندە پەرۋەردىگار خۇدايىڭلاردىن «پەرۋەردىگار خۇدايىمىزنىڭ ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىمايلى، بۇ دەھشەتلىك ئوتنى كۆرمەيلى، بولمىسا ئۆلۈپ كېتىمىز» دەپ تەلەپ قىلغىنىڭلارغا پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ماڭا: «ئۇلارنىڭ ماڭا دېگەن سۆزى ياخشى بولدى. مەن ئۇلارغا قېرىنداشلىرى ئارىسىدىن ساڭا ئوخشايدىغان بىر پەيغەمبەرنى تۇرغۇزىمەن، مەن ئۆز سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالىمەن ۋە ئۇ مەن ئۇنىڭغا بارلىق تاپىلىغىنىمنى ئۇلارغا سۆزلەيدۇ. ۋە شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ مېنىڭ نامىمدا دەيدىغان سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمايدىغان ھەرقانداق كىشى بولسا، مەن ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىمەن.

ئەمما مېنىڭ نامىمدا باشباشتاقلىق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا تاپىلىمىغان بىرەر سۆزنى سۆزلىسە ياكى باشقا ئىلاھلارنىڭ نامىدا سۆز قىلىدىغان پەيغەمبەر بولسا، شۇ پەيغەمبەر ئۆلتۈرۈلسۇن.

ئەگەر سەن كۆڭلۈڭدە: «پەرۋەردىگار قىلمىغان سۆزنى قانداق پەرق ئېتىمىز» دېسەڭ، بىر پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا سۆز قىلغان بولسا ۋە ئۇ بېشارەت قىلغان ئىش توغرا چىقمىسا ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا، ئۇنداقتا بۇ سۆزنى پەرۋەردىگاردىن چىقمىغان؛ شۇ پەيغەمبەر باشباشتاقلىق بىلەن سۆزلىگەن دەپ، ئۇنىڭدىن قورقما».

بۇ بېشارەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇن بولسا خۇدا ئۆز خەلقىگە مۇكەممەل بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟ شۇ پەيغەمبەر «مەن ئۇنىڭغا بارلىق تاپىلىغىنىمنى ئۇلارغا سۆزلەيدۇ». «قانۇن شەھرى»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى، بۇ بېشارەت توغرىسىدىكى تەپسىلىي تەھلىلىمىزنى كۆرۈڭ. بېشارەتتە كۆرستىلگەن شەخس رەببىمىز ئەيسا مەسىھدىن باشقا بىرسى بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.

خۇدا ئۆز خەلقىگە ئاۋۋال تەۋرات بىلەن، ئاندىن ئىنجىل بىلەن مۇكەممەل ھىدايەت-يولىيورۇق بەرگەندىن كېيىن، شۇنىڭدەك ئۇ تەۋرات-ئىنجىلنىڭ سىرلىرى ئاشكارىلىنىدىغان ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھى ئارقىلىق مەسىھكە بارلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ روھ-قەلبىنى ماكان قىلغۇزغاندىن كېيىن، ئىنسانلاردىن ياكى باشقا يەرلەردىن نەسىھەت ياكى يول سورىشىنىڭ زادى نېمە ھاجىتى؟

پالچىلىق، رەم سېلىش قاتارلىق بارلىق روھىي پاسسىقلىقلارنىڭ ئۆتكەن ئىشلار ياكى كەلگۈسى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىگىنى توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇداغا ئىنتايىن نەپرەتلىك بولغان ئىشلاردۇر. چۈنكى بۇ ئىشلار خۇدادىن سىرت ھەقىقىي ھىدايەت، يول تېپىش بولىدۇ، دېگەنلىككە باراۋەردۇر.

پالچىلار ياكى رەم سالغۇچىلار ھەرگىز كەلگۈسى ئىشلار توغرۇلۇق: «گۇناھلىرىڭىزدىن توۋا قىلىڭ! خۇدانىڭ گۇناھقا بولغان غەزىپىدىن مەسىھنىڭ قېنى ئارقىلىق خالىي بولۇشىڭىز كېرەك!» دېيەلمەيدۇ. ئۇلار ھەردائىم كەلگۈسى ئىشلار توغرۇلۇق چىرايلىق سۆزلەر، «كېلىچىكىڭ پارلاق» دېگەندەك سۆزدىن باشقىنى سۆزلىيەلمەيدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇنىڭدىن خەۋىرى بار دەپ ئويلايمىز. ئۇنداقتا نېمىشقا ئالدىنىمىز؟ تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئوقۇغان ئادەملەر جىن-شەيتانلارنىڭ ئۆتكەن زاماندىكى ئىشلىرى توغرۇلۇق خەۋىرى بار ۋە شۇنداقلا بەزىدە كەلگۈسى ئىشلىرى توغرۇلۇقمۇ چەكلىك خەۋىرى بار، دەپ بىلىدۇ. لېكىن ئۇلار «توغرا سۆز» قىلغىنى بىلەن ھەردائىم ئاڭلىغۇچىلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ئۇنداقتا، قايتىدىن سوراپ، ئالدىنىپ قېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

بىز يەنىلا شۇنى قايتىلايلى: — بىرىنچى، يول-ھىدايەت سوراش ياكى نەسىھەت سوراشتا مەسىھكە تايانماي، ئۇنىڭ قېنى بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىدىن باشقا يول تۇتساق، بۇ بارلىق ئىشلار خۇداغا يىرگىنچلىكتۇر.

ئىككىنچى، «شەخسىي ئىشلىرىمنى ھەل قىلىشىم كېرەك» دەپ جامائەتلەر ئارىسىدا مەلۇم ئاتالمىش پەيغەمبەردىن يول سورايدىغان كىشىنىڭ مەسىلىسى خېلى ئېغىر. چۈنكى ئۇنىڭ خۇدانىڭ مەسىھدە بولغان يېڭى ئەھدىسى توغرۇلۇق خەۋىرى يوق -- دېمەك، ئۇ خۇدانىڭ ئۆز خەلقىنى شەخسەن يېتەكلىگۈچى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ھېچ بىلمەيدۇ ياكى شۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. «فىلىپپىلىقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە «فىل.»

12:2ـ13 توغرۇلۇق تونتالغىنىمىزنى كۆرۈڭ).

ئۈچىنچى، جامائەتلەرنى دائىم ئايلىنىپ يۈرۈپ، مۇشۇنداق «شەخسىي ئىشلار توغرۇلۇق يول كۆرسىتىدىغان بېشارەت» ياكى كۆرسەتمە-ھىدايەت بېرىدىغان كىشىدىن ئىنتايىن ھېزى بولۇشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ توغرا، توغرا ئەمەسلىكى، تەۋرات-ئىنجىلغا ئويغۇن، ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى تويتوغرا ئېنىقلاش كېرەك («كورىنتلىقلار (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى، شۇنداقلا «1تېس.» 5:19ـ21نى كۆرۈڭ). چۈنكى ئۇنداق بىر كىشىنىڭ توپ مۇددىئا-مەقسىتى خۇدانىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىغا ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى جامائەتتىكىلەرنىڭ پۇلى ياكى ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئىزدەپ، جامائەتتىكى ھوقۇقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى پالچىلىق قىلىش — دېمەك، خۇداغا ئەمەس، بەلكى جىن-شەيتانغا تايىنىپ «بېشارەت بېرىش»تىن ئىبارەت ئېغىر گۇناھتىن يىراق بولمايدۇ.

## «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى»

«پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» — تەۋراتتا مەسىھنىڭ پۈتكۈل ئالەمنى سوراققا تارتىشقا قايتىپ كېلىدىغان كۈننى بىلدۈرىدۇ. مەزكۇر ئىبارە بەزىدە مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىدىغان شۇ كۈننىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇ مەزگىلدە خۇدانىڭ جازالىرى يەر يۈزىگە ئۈزلۈكسىز چۈشۈپ تۇرىدۇ. شۇ كۈن پېقىنلاشقانسېرى خۇدانىڭ جازالىرىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. بۇ كۈن «ۋەھىي» دېگەن كىتابنىڭ مۇھىم بىر تېمىسىدۇر. ئىنجىلدا «پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى» «شۇ كۈنى»مۇ ياكى «مەسىھنىڭ كۈنى»مۇ دېيىلىدۇ.

## «پەرىسىيلەر»

«پەرىسىيلەر» قاتتىق تەلەپلىك بىر دىنىي مەزھەپتىكىلەر ئىدى؛ ئۇلار تەۋرات قانۇنىغا قاتمۇ-قات تۈرلۈك باشقا قائىدە-نىزاملارنى قوشۇش بىلەن شۇنداق قاتتىق تەلەپچان دىنىي ئېقىم بولۇپ چىققانىدى. ئۇلار رەب مەسىھ ئەيسانىڭ تەلىمىگە قاتتىق قارشى چىققان.

ئادەتتە «پەرىسىيلەر» بىلەن «سادۇقىيلار» بىر-بىرىگە قاتتىق دۈشمەنلىشىپ يۈرەتتى، لېكىن ئۇلار ئەيسا مەسىھنى بىر تەرەپ قىلىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىرلەشكەن.

## پەرىشتىلەر

پەرىشتىلەر — ئىبرانىي تىلىدا «مالاك» دېيىلىدۇ — مەنىسى «ئەلچى»، «ئەۋەتىلگۈچى»دۇر. خۇدا ئالەمنى ئاپىرىدە قىلغاندا، مۇشۇ مىليونلىغان ئۇلۇغ زاتلارنى ئۆز خىزمىتىدە بولۇپ ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتىسۇن دەپ ياراتقان. خۇدانىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ نىجاتقا ئېرىشىدىغان، ئۆزىگە خاس بولىدىغان مۆمىن بەندىلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان («ئىبر.» 1:7).

## «پەيغەمبەر»

«پەيغەمبەر» دېگەن قانداق ئادەم؟ تەۋرات بىزگە «پەيغەمبەرلەر» توغرۇلۇق يەتكۈزگەن خەۋەردىن قارىغاندا، «پەيغەمبەر» دېگەن زات (ئەر ياكى ئايال بولسۇن) مەلۇم ئىش توغرۇلۇق خۇدانىڭ ئەينى سۆزلىرىنى يەتكۈزىدىغان كىشىدۇر. تەۋرات دەۋرىدە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىلىرى «كۆرگۈچىلەر» دېيىلەتتى — ئۇلار خۇدادىن ئالاھىدە «ئالامەت كۆرۈنۈش»لەرنى كۆرۈپ، كۆرگەنلىرىنى خەلق ئۈچۈن تەسۋىرلەيتتى. باشقا پەيغەمبەرلەر بولسا، ئۆز روھ-قەلبىدە خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بۇلارنى يەتكۈزەتتى.

بىز: «پەيغەمبەرلەر كەلگۈسى ئىشلارنى ئالدىن ئېيتقۇچىلار» دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنىڭ خىزمىتى دەرۋەقە بۇ ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بەلكىم ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى خۇدانىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېيتىشتىن ئىبارەت ئىدى. دېمەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، خۇدانىڭ شۇ دەۋردىكىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىغا قانداق قارىغانلىقى، بۇ ئىشلار توغرىسىدا قانداق ھۆكۈملىرى بارلىقى، شۇنداقلا قانداق ئاگاھلىرى ۋە ۋەدىلىرى بارلىقىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۆز دەۋردىكىلەر ئۇنىڭ بېشارەتلىرىدىن ئۇنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشى كېرەك ئىدى — ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلار توغرۇلۇق بېشارەتلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولسا، ئۇنداقتا شۇ كىشىنى «پەيغەمبەر» دەپ ئېتىراپ قىلىشى كېرەك؛ ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان بولسا ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشى كېرەك ئىدى (ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ «پەيغەمبەر» ئىسرائىللارنى بۇتپەرەسلىك يولىغا ئازدۇرغۇچى بولۇپ چىققان بولسا، بېشارەتلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك — «قان.» 13:1-5، 18:20-22نى كۆرۈڭ).

## «پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى»

«تەۋرات ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى» ياكى «تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى» دېگەن ئىبارە ئىنجىلدا بەزىدە كۆرۈلىدۇ. يەھۇدىي خەلقى بەزىدە مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن بەش كىتابنى «تەۋرات» ۋە تەۋراتتىكى باشقا قىسىملارنى «زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى» دەپ ئاتايدۇ.

قانداق ئاتالغۇ ياكى نام بىلەن ئاتالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەۋرات خۇدانىڭ دەۋردىن-دەۋرگە ئىسرائىلغا ئەۋەتكەن كۆپ پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ («تەۋرات» توغرۇلۇق ۋە شۇنداقلا «تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىلغا كىرىش سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ). بۇ قىممەتلىك يازمىلار تەۋراتتىكى باشقا يازمىلارغا بىر-بىرلەپ قوشۇلۇپ كەلدى. يازمىلار قوشۇلۇش ئۈچۈن ئىنتايىن ئاددىي بىر شەرت ياكى سىناشتىن ئۆتۈشى كېرەك — مەزكۇر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز دەۋرى توغرۇلۇق بولغان سۆزلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدىمۇ-ئاشۇرۇلمىدىمۇ؟ ئاشۇرۇلمىغان بولسا مۇقەددەس قانۇن بويىچە شۇ «پەيغەمبەر»نى ئۆلتۈرۈشى («قان.» 18:20-22نى كۆرۈڭ) ۋە بارلىق «بېشارەتلىرى» ئەرزىمەس دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۆز دەۋرى توغرۇلۇق بېشارەتلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ يىراق كەلگۈسى توغرۇلۇق بېشارەتلىرى ياكى يازمىلىرى بار بولسا، ئۇنداقتا ئىسرائىل خەلقى شۇلارنىمۇ ئەزىزلەپ تەۋراتقا قوشقان بولۇشى مۇمكىن.

## «پۇلاڭلاتما ھەدىيە»

«پۇلاڭلاتما ھەدىيە» — پەرۋەردىگارغا ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالاھىدە پۇلاڭلىتىپ ئاتىغان بىرخىل ھەدىيەدۇر. «پۇلاڭلاتما ھەدىيە» دەپ ئاتالغان ھەدىيە ئادەتتە بارلىق كاھىنلارغا تەۋە بولاتتى.

## «تەرافىم» - «ئۆي بۇتلىرى»

«تەرافىم» — ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ، «ئۆي بۇتلىرى»نى كۆرسىتىدۇ. بۇ بۇتلار قولدا كۆتۈرگۈدەك كىچىك «قولايلىق بۇتلار» بولۇپ، ئادەتتە كۆمۈشتىن ياسىلاتتى. قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى بەزى بۇتپەرەس جەمئىيەتلەردە ئۆيدىكى «تەرافىم»غا ئىگە بولغان ئادەم شۇ ئۆينىڭ بارلىق تەئەللۇقاتىنىڭ خوجايىنى دەپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا بۇ كىچىك «تەرافىم»لار كۈمۈش بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قانۇنىي ئەھمىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلاندى («يار.» 19:31، 30-35).

## «تەھتىسارا» ۋە «دوزاخ» (ياكى «جەھەننەم») توغرۇلۇق

«تەھتىسارا» ــ ئۆلگۈچىلەرنىڭ روھلىرى قىيامەت كۈننى كۈتىدىغان جاي (ئىبرانىي تىلدا «شېئول»، گرېك تىلدا «هادەس» دېيىلىدۇ). مەسىھ ئەيسا كرېستلىنىشى بىلەن «تەھتىسارا»دا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، دەپ ئىشىنىمىز («لۇقا» 16-باب، 43:23 ۋە ئىزاھاتلار، لۇقا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»، «1پېت.» 18:3-22، 6:4 ۋە شۇ قىسمىدىكى «قوشۇمچە سۆز»نى كۆرۈڭ).

تەۋرات ۋە ئىنجىل بويىچە، «دوزاخ» ياكى «جەھەننەم» پەقەتلا ئاخىرەت كۈنىدىن كېيىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ روھى «تەھتىسارا»غا بارىدۇ.

ئىزاھات ــ «جەھەننەم» («دوزاخ»): ــ ئەسلىدىكى سۆز ئىبرانىي تىلدا «گە-ھىننوم» ئىدى. بۇنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى: ــ «ھىننومنىڭ جىلغىسى»دۇر (بەزىدە «ھىننومنىڭ ئوغلىنىڭ جىلغىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). تارىختا يېرۇسالېمدىكى ساپالچىلار «ھىننومنىڭ جىلغىسى»غا چېقىلغان ساپال پارچىلىرىنى تاشلىۋېتەتتى. كېيىن، يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقانلار شۇ يەرگە ھەرخىل ئەخلەتلەرنى تۆككەن؛ يىرگىنچلىك بىر ئىش شۇكى، يېرۇسالېمدىكىلەر خۇدانى تەرك ئېتىپ بۇتپەرەسلىك قىلغان ۋاقىتلاردا ھەتتا شۇ يەردە «ئىنسان قۇربانلىقلىرى»نىمۇ ئۆتكۈزگەن («يەرەمىيا» 19-باب ۋە 31:7-32نى كۆرۈڭ). بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۇ يەر «دوزاخ»نىڭ بىر سىمۋولى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن «گە-ھىننوم» دېگەن سۆز «دوزاخ»نى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ قالغان. ئەرەب تىلى ئارقىلىق بۇ سۆز «جەھەننەم» شەكلىدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن.

## «تەۋرات ئۇستازلىرى»

ئىنجىل دەۋرىدە «تەۋرات ئۇستازلىرى»نىڭ خىزمىتى: (ئا) تەۋرات يازمىلىرىنى كۆچۈرۈش؛ (ئە) ئەرز-دەۋالاردا تەۋرات قانۇنىدىكى ھۆكۈملەر ۋە تەپسىلاتلارنى چۈشەندۈرۈش ۋە شەرھ قىلىش ۋە بەلكىم (ب) بەلكىم پۈتكۈل تەۋرات يازمىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە شەرھ قىلىش ئىدى («مات.» 4:2نى كۆرۈڭ).

## «جامائەت»

«جامائەت» ــ پۈتكۈل ئالەمدىكى مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

ئۇ يەنە مەلۇم جايدىكى ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرىدۇ. «ئەفەسۇسلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدە بايان قىلىنغان «جامائەت» توغرۇلۇق شەرھىمىزنى كۆرۈڭ.

## «جەنۇبىي پادىشاھلىق» - «ئىسرائىل»، «ئىسرائىللار»، «يەھۇدا»، «يەھۇدىيلار»نى كۆرۈڭ.

## «جىنلار» («يامان روھلار»، «پاسىق روھلار»)

ئىنجىلدىكى «ۋەھىي» دېگەن قىسىم بويىچە، پەرىشتىلەر يارىتىلغاندىن كېيىن، ئاسمان-زېمىن شەكىللەنگەن پەيتتە، شەيتان («ئىبلىس») پەرىشتىلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى قۇترىتىپ خۇداغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جازالىنىپ ئاسماندىن يەرگە ھەيدىۋېتىلگەن («ۋەھ.» 3:11-4). خۇداغا قارشى چىققان بۇ پەرىشتىلەر تەۋرات-ئىنجىلدا «جىنلار» ياكى «يامان روھلار»، «پاسىق روھلار» دەپ ئاتالغان.

## «چۆمۈلدۈرۈش»

ئىنجىلدا «چۆمۈلدۈرۈش» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەنگە ھەردائىم مۇتلەق بىر ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ يەرلەردە «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى بىلدۈرىدۇ («سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى كۆرۈڭ، شۇنداقلا «رىم.» 3:6 ۋە ئىزاھات، «كولوسسىلىكلەرگە» ۋە «پېترۇس (1)»دىكى قوشۇمچە سۆزلەردە بۇ تېما توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنى كۆرۈڭ.

## «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»

ئىنجىلدا ئىككى خىل «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش» تىلغا ئېلىنىدۇ. تۇنجى چۆمۈلدۈرۈش چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا (يەھيا پەيغەمبەر) تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن؛ بۇ چۆمۈلدۈرۈش (ئا) ئۆز گۇناھلىرىغا تووا قىلىش؛ (ئە) تېز ئارىدا كېلىدىغان (ئەينى چاغدا تېخى نامەلۇم ئىدى) مەسىھكە «گۇناھلىرىمىزنى ئېلىپ تاشلايدىغان قۇتقۇزغۇچى» دەپ ئېتىقادىنى بىلدۈرۈشنىڭ ئىپادىسى ئىدى؛ ئىككىنچى «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى مەسىھنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ نامىدا ئۆتكۈزگەن ۋە ھازىرمۇ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ؛ ئۇ (ئا) ئۆز گۇناھلىرىغا

تووا قىلىشنىڭ؛ (ئە) «گۇناھلىرىمىزنى ئېلىپ تاشلىغان قۇتقۇزغۇچى» مەسىھكە ئېتىقادىنى بىلدۈرۈشىنىڭ ۋە (ب) يېڭى ھاياتنى ئېلىپ كېلىدىغان مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلىشقا ئېتىقادىنى بىلدۈرۈشىنىڭ ئىپادىسىدۇر («روس.» 2:38-39، «رىم.» 3:6 ۋە ئىزاھات، «كولوسسىلەر» ۋە «پېترۇس (1)»دىكى قوشۇمچە سۆزلەردىكى بۇ تېما توغرۇلۇق ئىزاھاتلىرىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

ئەمەلىيەتتە يەھۇدىي خەلق ئارىسىدىكى «راببىلار» (ئۇستازلار) خېلى بۇرۇن مۇنداق بىر ئادەت بېكىتكەنىكى، ئەگەر بۇتپەرەس مىللەتلەر («يات ئەللەر»)دىن بولغانلار «تەۋرات-زەبۇر ئېتىقادى»نى قوبۇل قىلاي دېسە، ئاۋۋال خەتنە قىلىنىشى، ئاندىن بىرخىل «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلىشى كېرەك. شۇڭا يەھيا پەيغەمبەر يەھۇدىيە چۆل-باياۋاندا «توۋا قىلىپ، سۇغا چۆمۈلدۈرۈڭلار» دەپ جاكارلاپ ئېلان قىلىشى يەھۇدىي خەلقىنى خېلى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. چۈنكى «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلىشى كېرەك بولغانلار بۇتپەرەس «يات ئەللەر» ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى قوبۇل قىلىشى كېرەك!

## «مۇقەددەس روھتا چۆمۈلدۈرۈش»

«مۇقەددەس روھتا چۆمۈلدۈرۈش» — مەسىھ ھەر بىر ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ روھ-قەلبىدە «مۇقەددەس روھتا چۆمۈلدۈرۈش» ئىجرا قىلىشقا كەلگەن. بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغ خىزمىتىدۇر («مات.» 11:3، «مار.» 8:1، «لۇقا» 16:3، «يۇھ.» 33:1نى كۆرۈڭ). بۇ خىزمەت ئادەمنىڭ روھى ۋە قەلبىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا «يېڭى قەلب، يېڭى روھ»نى ئاتا قىلىشتۇر («ئەز.» 26:36). «مۇقەددەس روھتا چۆمۈلدۈرۈش» يەنە «ئەرشتىن تۇغۇلۇش»، «قايتىدىن تۇغۇلۇش» دېگەنلىك بولىدۇ. بىز ئۇنى «مۇقەددەس روھنىڭ مەسىھنىڭ كرېستتە ئېرىشكەن غەلىبىسىنى ئىنساننىڭ روھىغا بېكىتىشى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## «خەتنە» - «سۈننەت»نى كۆرۈك

### «خۇدادىن قورققانلار» («خۇدادىن قورققۇچىلار»)

يەھۇدىي خەلقى بابىل ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن تەرەپ-تەرەپلەرگە سۈرگۈن قىلىنغاندىن باشلاپ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 597-يىلى)، ئۇلار سۈرگۈن قىلىنغان بارلىق جايلاردا ھەر ھەپتىدىكى شابات كۈنى يىغىلىپ خۇداغا ئىبادەت قىلىپ تەۋراتنى ئوقۇشنى ئادەت قىلغان. بۇنداق يىغىلىش سورۇنلىرى «سىناگوگلار» دەپ ئاتىلاتتى. ۋاقت ئۆتكەنسېرى يەرلىك يات ئەللىكلەردىن بەزىلىرى ئىبرانىيلارنىڭ «بىردىنبىر ھەقىقىي خۇدا»غا بولغان ئىبادىتى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىپ، بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ، خۇداغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى. بۇلاردىن بەزىلىرى خۇدانىڭ ئىبراھىم بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىدىن بەھرىمان بولۇش ئۈچۈن رەسمىي يەھۇدىي خەلقىگە ئوخشاش سۈننەتنى قوبۇل قىلغان؛ مۇشۇلار رەسمىي «يەھۇدىيلار» دەپ ھېسابلىناتتى. ئۇلار بەزىدە «تەۋرات ئېتىقادىغا كىرگەنلەر» دەپمۇ ئاتىلاتتى. باشقا بەزىلىرى ئۆز مىللىتىدىن ياكى ئۆز ئېلىنىڭ سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولۇشنى خالىمىسىمۇ، يەنىلا ئاشۇ «سىناگوگ»تىكى ھەپتىلىك ئىبادەت سورۇنلىرىغا قاتنىشىش، تەۋراتتىكى ئايەتلەرنى، شۇنداقلا سىناگوگتىلى تەلىمنى ئاڭلاشتىن مۇيەسسەر بولۇشنى خالايتتى. بۇنداق كىشىلەر خەتنىسىز بولغىنى بىلەن سىناگوگلارغا قاتنىششقا رۇخسەت ئالاتتى، ئاندىن «خۇدادىن قورققانلار» ياكى «خۇدادىن قورققۇچىلار» دېگەن تۇراقلىق ئىبارە بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ ئىبارىنى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»دە كۆپ ئۇچرىتىمىز.

### «(خۇداغا) مۇتلەق ئاتالغان»

تەۋراتتا «(خۇداغا) مۇتلەق ئاتالغان» دېگەن بۇ ئىبارە ئىبرانىي تىلىدا «ھەرەم» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆز ئادەتتە خۇداغا مۇتلەق ئاتالغان نەرسىنىڭ ھېچقانداق ئىنسانغا تەۋە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«ھەرەم» (خۇداغا مۇتلەق ئاتالغان) دەپ بېكىتىلگەن نەرسە ياكى ئادەم خۇدانىڭ نەزىرىدە رەزىل دەپ قارالسا، ئۇنداقتا ئۇنى «ھەرەم قىلىش» دېگەنلىك ئۇنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

## «خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى»

بىز تەۋراتتا «خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى» دەپ تەرجىمە قىلغان سۆز ئىبرانىي تىلىدىكى «مۆمىنلەر»، «سادىقلار» دېگەن سۆزگە ئوخشاش مەنىدىكى سۆزلەردۇر. ئىنجىلدا «خۇدانىڭ مۇقەددەس بەندىلىرى» دېگەن سۆز ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد باغلىغاچقا خۇداغا تەۋە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا «مۇقەددەس» دېگەن سۆز توغرۇلۇق ئېيتقىنىمىزدەك، «مۇقەددەس» دېگەننىڭ تۈپ مەنىسى «خۇداغا تەۋە»، «خۇداغا خاس بولۇشقا ئايرىلغان»، «خۇداغا بېغىشلانغان» دېگەن مەنىدىدۇر.

## خۇدانىڭ ھەسەتلىك غەزىپى («خۇدانىڭ ھەستى»)

مۇقەددەس كىتابتا، بولۇپمۇ تەۋراتتا ئوقۇرمەنلەر: «پەرۋەردىگار خۇدايىڭلار ھەسەت قىلغۇچى بىر خۇدادۇر» دېگەن سۆزنى ئوقۇغاندا بەلكىم ھەيران قېلىشى ياكى ئوقۇرمەننىڭ بېشىنى سەل قايماقتۇرۇشى مۇمكىن. ھەممىگە ئىگە بولغان خۇدا قانداقمۇ «ھەسەت» قىلسۇن؟

ئۆز ئايالىنى مۇتلەق، ساپ، شەخسىيەتسىز ۋە تولىمۇ مۇكەممەل مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان بىر ئەر كىشى بار دەيلۇق. مۇبادا شۇ كىشىنىڭ ئايالى باشقا بىرسى بىلەن ۋاپاسىزلىق ئۆتكۈزۈشكە ئازدۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا شۇ كىشىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىنكاسى بولماي قالمايدۇ: —

(ئا) «نېمىشقا ئايالىم ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتىمدىن رازى بولمىدى؟» دەپ، ئازرۇلىرىنىڭ يەردە قالغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ. ئادالەتلىك بىر ئادەمنىڭ بۇنىڭغا غەزىپى كېلەمدۇ-يوق؟ كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

(ئە) ئۆز ئايالىغا بولغان كۆيۈمى بىلەن ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشىنى بەرگۈسى بولغاچقا، ئۇنى ئازدۇرغۇچى كىشىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ۋە ئالدىشىدىن ئازاد قىلىپ ئۆزىگە قايتۇرۇشنى خالايدۇ. چۈنكى ئىككىنچى بىر ئادەم ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، پەقەت ئۆز ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشنىلا خالايدۇ، خالاس، ئەلۋەتتە.

(ب) ئۇنداق ئەر كىشىدە خۇدانىڭ خاراكتېرى بار بولسا، ئۇ (ھەم ئۆزىنى ھەم ئايالىنى دەپ) ئايالىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى تونۇپ يېتىپ، توۋا قىلىشىنى خالايدۇ. ئۇ توۋا قىلغان بولسا، ئۇنى كەچۈرىدۇ ۋە ئۆزىگە قايتىدىن قوبۇل قىلىدۇ. پەقەت ئۇ ھەقىقەتەن توۋا قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە.

بۇ ئۈچ ئىشنى خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان «ھەسەت»ىنىڭ ئاساسىي ئاملى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ بۇتپەرەسلىكىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، زىيان تارتىشىغا يول قويالمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە بولغان ئۇنداق ۋاپاسىزلىقتىن ئازاب تارتىدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن يەنە ئۇلارنىڭ ھەممە بۇتپەرەسلىك ۋە خۇراپىيلىق ئېلىپ كېلىدىغان زىيان-تالاپەتكە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى خالايدۇ. چۈنكى بارلىق بۇتپەرەسلىك ۋە خۇراپىيلىق جىن-شەيتانلار بىلەن دوستلاشقانغا باراۋەردۇر.

## «خۇدانىڭ «يوقلىشى»»

تەۋرات-ئىنجىلدا، خۇدا مەلۇم كىشىنى ياكى مەلۇم خەلقنى «يوقلايدۇ» دېيىلسە، بۇ سۆز خۇدانىڭ مەزكۇر كىشى ياكى خەلقىگە يېقىنلىشىدىغانلىقىنى ھەم يېقىنلىشىشى بىلەن تەڭ ئۇلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مۇئامىلە ياكى بەخت-بەرىكەت، شاپائەت يەتكۈزۈش ياكى قاتتىق جازالاش بولىدۇ — قايسى مەنىسىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلىقى ئەينى تېكىستتىن ئېنىق بولىدۇ.

## «خۇش خەۋەر»

ئىنجىلدا «خۇش خەۋەر» ھەردائىم خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىنگەن نىجاتى توغرىسىدىكى خۇش خەۋىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ئىنجىل»نىمۇ كۆرۈڭ. ئىككى ئىخچاملاشقان ئىپادىسى «رىم.» 10:9-10، «1كور.» 3:15-4دە تېپىلىدۇ.

## «خىزمەتچى»

«خىزمەتچىلەر» مەلۇم بىر جامائەتتىكى ئەمەلىي ئىشلارغا، بولۇپمۇ خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، بۇلاردىن ھاجەتمەنلەرگە تەمىنلەش، جامائەتنىڭ پائالىيەتلىرىدە ھەرخىل ئەمەلىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇلدۇر. «فىلىپپىلىقلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

## «دەسلەپكى ۋە كېيىنكى يامغۇرلار»

«دەسلەپكى يامغۇرلار» (ياكى «ئاۋۋالقى يامغۇرلار») قانائاندا 10-ئايدا ياغىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇپراق يۇمشىتىلىپ، يەر ھەيدەش ئاندىن ئۇرۇق چېچىش مۇمكىن بولىدۇ.

«كېيىنكى يامغۇرلار» بولسا 3- ياكى 4-ئايدا ياغىدۇ؛ ئۇ ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنىڭ پىشىشىدا ھالقىلىق رولى ئوينايدۇ. شۇڭا ھەربىر دېھقان بولۇپمۇ «كېيىنكى يامغۇر»غا تەشنادۇر، ئۇلار ئۇنى بەك قەدىرلەيدۇ.

## «دۇنيا»

مۇقەددەس يازمىلاردىكى كۆپ ئايەتلەردە «دۇنيا» ياكى «بۇ دۇنيا» دېگەن ئىبارىنى ئۇچرىتىمىز. ئايەتلەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇشىمىز بىلەن بۇ ئاتالغۇنىڭ نېمىنى كۆرسەتكىنىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز مۇمكىن. بۇ دۇنيا شەيتاننىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، مۇقەددەس كىتابتىكى كۆپ يەرلەردە «دۇنيا» دېگەنلىك خۇداغا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ نىجات نىشانلىرىغا دائىم قارشى تۇرىدىغان رەزىل بىر تۈزۈمدىكى دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق؛ ۋەھالەنكى، خۇدانىڭ خەلقىنىڭ سادىقلىقى ۋە گۇۋاھلىقى بىلەن ئۇنىڭدا بولغان رەزىللىكنى تىزگىنلەش ياكى ھەتتا بەزىدە ۋاقىتلىق كەينىگە ياندۇرۇشمۇ مۇمكىن بولىدۇ.

«بۇ دۇنيانى ۋە بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى سۆيمەڭلار. ھەركىم بۇ دۇنيانى سۆيسە، ئاتىنىڭ سۆيگۈسى ئۇنىڭدا يوقتۇر. چۈنكى بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئىشلار، يەنى ئەتتىكى ھەۋەس، كۆزلەردىكى ھەۋەس ۋە ھاياتىغا بولغان مەغرۇرلۇقنىڭ ھەممىسى ئاتىدىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيادىن بولغاندۇر، خالاس. ۋە بۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەۋەسلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلغان كىشى مەڭگۈ ياشايدۇ» («1يۇھ.» 2:15-17)

«شۇڭا، ئى قېرىنداشلار، بۇ دۇنيا سىلەرنى ئۆچ كۆرسە، بۇنىڭغا ھەيران قالماڭلار» («1يۇھ.» 3:13)

«ئەي ئەزىز باللىرىم، سىلەر بولساڭلار خۇدادىن بولغانسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدىڭلار؛ چۈنكى سىلەردە تۇرغۇچى بۇ دۇنيادا تۇرغۇچىدىن ئۈستۈندۇر» («1يۇھ.» 4:4)

## «دوزاخ» - ««تەھتىسارا» ۋە «دوزاخ» (ياكى «جەھەننەم») توغرۇلۇق»نى كۆرۈڭ

## «راببى»

«راببى» — يەھۇدىي خەلقىنىڭ تەۋرات ۋە تەۋرات قانۇنى توغرۇلۇق تەلىم بەرگۈچىلىرىنىڭ ئۇنۋانى — مەنىسى «ئۇستاز»، «مۇئەللىم»دۇر.

## «روسۇل»

«روسۇل» دېگەن سۆز (گرېك تىلىدا «ئاپوستولوس») «ئەۋەتىلگۈچى» دېگەن مەنىدە. ئىنجىلدا ئىشلىتىلگەن يەرلەردە تۆۋەندىكىدەك روللاردا كەلگەن: —

(ئا) رەب ئەيسا مەسىھنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن (ئەرشتىن ئىنسانىيەتنى نىجاتقا ئېرىشتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن — «ئىبر.» 1:3)

(ئە) رەببىمىز «ئەرشنىڭ پادىشاھلىقى» توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئىسرائىلغا يەتكۈزۈشكە مەخسۇس تاللىغان «ئون ئىككى مۇخلىس»نى كۆرسىتىدۇ («ماتتا» 10-باب).

(ب) رەببىمىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ «ئون ئىككى روسۇل»دىن باشقا يەنە بىرنەچچە ئادەمنى تاللاپ ئۇلارغا ئالاھىدە ۋەھىيلەرنى ئامانەت قىلىپ، ھەر يەرلەردە «جامائەت قۇرۇش»تىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئىلتىپات قىلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى شۇ يېڭى ۋەھىيلەرنى بارلىق جامائەتلەرگە يەتكۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى («كورىنتلىقلارغا (1)» 28:12، «ئەف.» 20:2، 5:3، 11:4). بۇ روسۇللار پاۋلۇس، ياقۇپ ۋە يەھۇدا (يەھۇدا ئىشقارىيوت ئەمەس)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. ئۇلارنىڭ مەكتۇپلىرى ۋە يازمىلىرى ئىنجىلدا تېپىلىدۇ.

ئىنجىلدا ماتتا، ماركۇس، لۇقا ۋە روسۇل يۇھاننا رەببىمىزنىڭ كۆپ قىممەتلىك سۆزلىرىنى بىز ئۈچۈن خاتىرىلىگەن (ئىنجىلدىكى «ماتتا»، «ماركۇس»، «لۇقا»، «يۇھاننا»). ئۇنىڭ

ئۇستىگە شۇ ئىش روشەنكى، رەببىمىز ئۆزى بۇ تاللىغان كېيىنكى روسۇللارنىڭ مەكتۇپلىرى ۋە يازمىلىرى ئارقىلىق، شۇنداقلا روسۇللار پېترۇس ۋە يۇھاننالارنىڭ مەكتۇپلىرى ئارقىلىق ھەر دەۋردىكى بارلىق جامائەتلىرىگە مەڭگۈلۈك پايدىسى بولۇشى ئۈچۈن شۇ مۇھىم يېڭى ۋەھىيلەرنى يەتكۈزدى.

## «روھ»، «جان»، «تەن» ۋە «ئەت» توغرۇلۇق

خۇدا دەسلەپتە ئىنسانني ياراتقاندا «روھ، جان، تەن»نى بىرلەشتۈرۈپ ياراتقاندى.

«روھ» بولسا ئىنساننىڭ ئاساسى ياكى ئاساسىي ۋۇجۇدى، ئىرادىسى، «ھاياتىي كۈچى» دېگەنلىكتۇر، دەپ ئىشىنىمىز. بىزنىڭ كەم ئىكەنلىكىمىز روھىمىزدىن بىلىنىدۇ.

«جان» بولسا ئىنساننىڭ زېھنى، ئوي-پىكىرلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

«تەن»نىڭ مەنىسى ھەممىمىزگە ئايان.

بۇ ئىشلار توغرىسىدا ھەم مۇقەددەس يازمىلاردىكى «ئەت» ياكى «ئەتلەر» (گۇناھنىڭ ئەسىرلىكىدە بولغان تېنىمىز) توغرىسىدىكى ئۇقۇملار ۋە روسۇل پاۋلۇس «رىملىقلارغا» يازغان مەكتۇپ، شۇنداقلا بىزنىڭ شۇ مەكتۇپكە قوشۇمچە قىلغان «كىرىش سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ.

## «روھىي ئىلتىپاتلار»

«روھىي ئىلتىپاتلار» — مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئېتىقادچىلارغا ئاتا قىلىنغان ھەرخىل بىلىملەرنى، ۋەھىيلەرنى ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى قابىلىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ («كورىنتلىقلار (1)» 12-14-بابلار ۋە «قوشۇمچە سۆز»، «رىم.» 12-بابنى كۆرۈڭ.

## «سادۇقىيلار»

«سادۇقىيلار» دېگەن دىنىي ئېقىم ياكى مەزھەپنىڭ بولسا تەۋرات قانۇنىدىن پەقەت بىر قىسىم ئاددىي پرىنسىپلارنى ئۆزلىرىگە تەدبىقلاپلا، «پەزىلەتلىك ئەخلاقتا بولساقلا، تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولىدۇ» دېگەندەك پوزىتسىيىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر قىسىملىرىنى قوبۇل قىلماي، پەقەت تەۋراتتىكى 1-5 قىسىملارنى (يەنى مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان قىسىملار)نى قوبۇل قىلغان. ئۇلار

«قىيامەت كۈنى»، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئاخىرەتتە ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنى ئىپتىراپ قىلمايتتى.

## «ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار»

«ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان پەرۋەردىگار» ئىبرانىي تىلىدا «ياھۋەھ سابائوت» (قوشۇنلارنىڭ پەرۋەردىگارى) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نام پەرۋەردىگارنىڭ ئەرشتىكى بارلىق پەرىشتە قوشۇنلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورنىنى تەكىتلەيدۇ.

## «سەپتۇئاگىنت» (LXX)

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە، شۇ چاغدىكى گرېك ئىمپېرىيەسىدە تارىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلاردىن كۆپ قىسمى ئىبرانىي تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇلار تەۋراتنى ئوقۇيالمىغاچقا، شۇ چاغدا ئۇلارنى دەپ، تەۋراتنىڭ بىر گرېكچە تەرجىمىسى ئىشلەنگەن. بۇ تەرجىمە «سەپتۇئاگىنت» دېيىلىدۇ («قىسقىچە «LXX»).

## «ستوئىك» ۋە «ستوئىكىزم»
## («ستوئىكىزم»غا ئىشەنگۈچىلەر «ستوئىكلار» دەپ ئاتىلىدۇ)

ستوئىكىزم — 4- ۋە 3-ئەسىردە پەيدا بولغان بىرخىل پەلسەپىۋى ئېقىم. ستوئىكىزم «پەزىلەت»نى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ھەر ئادەمنى ئۆز ئەمەللىرىگە مەسئۇل بولۇپ، «پەزىلەت»كە لەززەت ياكى ئازاب-ئوقۇبەتكە قارىماي ئىنتىلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلەيتتى. دۇنيادا كېيىن پەيدا بولغان بۇددىزمنى ئوخشاش قاراشتا ئىدى، بۇ پەلسەپە بۇ دۇنيادىكى بارلىق بەخت ۋە خۇشاللىقنى بىرخىل ئالدامچىلىق دەپ قارايتتى؛ ستوئىكلار ئالەمنىڭ ئۆزىنى «خۇدا» دەپ قارايتتى («ھىندۇ دىنى»دىكىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتا).

## «سۈننەت» (خەتنە»)

«سۈننەت» — خۇدانىڭ ئىبراھىم بىلەن باغلىغان ئەھدىسىنىڭ سىرتقى بەلگىسى («يار.» 17-بابنى كۆرۈڭ). يەھۇدىي خەلقى خۇدانىڭ ئىبراھىم بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىگە رىئايە قىلىپ، بارلىق ئوغۇل باللىرىنى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى سەككىزىنچى كۈنى سۈننەت قىلىدۇ. «سۈننەت»نىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق «يارىتىلىش»تىكى

«قوشۇمچە سۆز»، (17-باب توغرۇلۇق)، «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»، «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز» ۋە «كولوسسىلىكلەر»دىكى «قوشۇمچە سۆز» (11:2 توغرۇلۇق)نى كۆرۈڭ.

تەۋراتتا ۋە ئىنجىلدا يەھۇدىي خەلقى بەزىدە «خەتنە قىلىنغانلار» ۋە يەھۇدىي ئەمەسلەر «خەتنىسىزلەر» ياكى «خەتنە قىلىنمىغانلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

## «سىر»

ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان«سىر» (گرېك تىلىدا «مىستېرىئون») خۇدا ئەسلى ئىنچىكە يوشۇرۇنۇش كېرەك دەپ بېكىتكەن، ئەمدى ھازىر ئۆز مۆمىن بەندىلىرىگە ئاشكارىلىغان مەلۇم بىر ئىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنجىلدىكى «سىرلار»نى مەلۇم جەھەتلەردىن «سىرلىق»، ياكى «چۈشىنىش تەس» دېگىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن بىرىنچى تۈپ مەنىسى بۇ جەھەتلەرنى كۆزدە تۇتمايدۇ، بەلكى «ئاۋۋال يوشۇرغان، ئاندىن ئاشكارىلىغان ئىش»نى كۆرسىتىدۇ. جەم بولۇپ ئىنجىلدا سەككىز «سىر» باردۇر.

## «سىناگوگلار»

ئىسرائىللار بابىل ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن قىلىنغاندا، ئۇلار ئارىسىدا شابات كۈنىدە تەۋراتنى ئوقۇپ، دۇئا-ئىبادەت قىلىشقا يىغىلىش بىر ئادەت بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق يىغىلىش پائالىيىتىنى ئۇلار «سىناگوگ» دەپ ئاتايتتى. ئىنجىل دەۋرىگە كەلگەندە، «سىناگوگلار» دېگەن سۆز شۇ پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدىغان ئۆي ياكى زاللارنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرسىتەتتى.

## «شابات كۈنى»

«شابات كۈنى» (شەنبە كۈنى) تەۋرات كالېندارى بويىچە ھەپتىنىڭ يەتتىنچى كۈنىدۇر. مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ئىسرائىلدىكى ھەربىر ئىنسان ۋە ئۇلاغلارمۇ شۇ كۈنى ھەرقانداق ئىش-خىزمەت ياكى مېھنەت قىلماي دەم ئېلىشى كېرەك ئىدى.

شۇ كۈنى خۇدانى سېغىنىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزسە بولىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن خۇدا شۇ تەرەپتە ھېچقانداق <u>بىۋاستە</u> ئەمر بەرمىگەن («يەش.» 13:58نى كۆرۈڭ).

ئىسرائىللار بابىل ئىمپېرىيەسىگە سۈرگۈن قىلىنغاندا، ئۇلار ئارىسىدا شابات كۈنىدە

تەۋراتنى ئوقۇپ، دۇئا-ئىبادەت قىلىشقا يىغىلىش بىر ئادەت بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق يىغىلىش سورۇنلىرىنى ئۇلار «سىناگوگ» دەپ ئاتايتتى.

## شەيتان («ئىبلىس»)

شەيتان (ئىبرانىي تىلىدىكى سۆز بولۇپ، مەنىسى «دۈشمەن») — «ئەز.» 14:28 بويىچە، شەيتان («ئىبلىس») ئەسلىدە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە «كېرۇبلار»دىن بىرى ئىدى، ئۇ بەلكىم ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ مەرتىۋىلىك بولۇپ، يەر يۈزىگە مەسئۇل بولۇشقا ئالاھىدە يارىتىلغانىدى.

شەيتان خۇداغا قارشى چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەر يۈزىگە ھەيدىۋېتىلگەن («يەش.» 14:4-20، «ئەز.» 11:28-19، «ۋەھ.» 3:11-4، «2كور.» 14:11). ھالبۇكى، ئاخىرقى زامانغىچە ئۇنىڭ ئەرشلەرنىڭ چەكلىك بىر قىسمىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلىدۇ «ئەف.» 2:2، 10:6-12).

## «شىمالىي پادىشاھلىق» - «ئىسرائىل»، «ئىسرائىللار»، «يەھۇدا»، «يەھۇدىيلار»نى كۆرۈڭ

## «قالدى»

گەرچە ھەربىر دەۋردە ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى خۇدادىن يىراقلىشىپ، يۈز ئۆرۈگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھامان ئۇزىگە سادىق ئاز بىر قىسمى قالاتتى ۋە قالىدۇ. بۇ قىسىم خەلق تەۋرات ھەم ئىنجىلنىڭ كۆپ يەرلىرىدە «قالدى»، «خۇدانىڭ قالدىسى» (ياكى بەزىدە «قالدۇق») دېيىلىدۇ.

## «قانائان»

«قانائان» — نۇھ پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى (ھامنىڭ ئوغلى)؛ قانائاننىڭ ئەۋلادلىرى دەسلەپتە ئىگىلىگەن زېمىن ئۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئۇ زېمىن ھازىرقى «پەلەستىن»دۇر؛ ئەمەلىيەتتە، خۇدا بۇ زېمىننى ئىسرائىلغا تەقدىم قىلغاندىن كېيىن ئىسمى «ئىسرائىل» ياكى «ئىسرائىلىيە» بولۇشى كېرەك ئىدى («يار.» 7:12نى كۆرۈڭ).

## «قەيسەر»

«قەيسەر» — رىملىق ھەربىر ئىمپېراتورىغا «قەيسەر» دېگەن نام-ئۇنۋان بېرەلەتتى؛ مەسىلەن، قەيسەر ئاۋغۇستۇس، قەيسەر يۇلىئۇس، قەيسەر تىبېرىئۇس قاتارلىقلار.

## «قۇربانلىق»

تەۋراتتا ئۆگىتىلىشىچە «قۇربانلىق» ھەممىدىن ئاۋۋال خۇدانىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. ئەگەر قۇربانلىق قىلغۇچى كىشىنىڭ قۇربانلىقى «ئىناقلىق قۇربانلىقى» ياكى «تەشەككۈر قۇربانلىقى» بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قۇربانلىقتىن بىر قىسمىنى يېيىش ئىمتىيازى بولىدۇ؛ بىراق ئۇ خىلدىكى قۇربانلىق بولمىسا، ئۇ ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ يېيىشكە بولمايدۇ. بەزىدە قۇربانلىقنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى كاھىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن يېيىشكە بولاتتى، ئەمما ھەرخىل قۇربانلىقنىڭ كۆپ قىسمى، بەزىدە ئۇنىڭ ھەممىسى خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلەتتى.

تەۋراتتا جەمئىي بەش خىل ھەدىيە-قۇربانلىق تەسۋىرلىنىدۇ (تەۋراتتىكى «لاۋىيلار» دېگەن قىسمىنى كۆرۈڭ). تەۋراتتىكى بېشارەتلەر بۇلارنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدىكى، ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ بىر قۇربانلىقنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇ قۇربانلىق بارلىق ئىنسانىيەتكە خۇداغا يېقىنلىشىش يولىنى يارىتىدۇ، دېيىلىدۇ. ئىنجىل بويىچە مۇشۇ ئۇلۇغ قۇربانلىق رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستكە مىخلىنىپ ئۆلۈشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

(مۇشۇ يەردە شۇنى ئېيتىمىزكى: — گەرچە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان خەلقلەر ھەر يىلى «قۇربان ھېيت»تا «قۇربانلىق» قىلسىمۇ، «بۇ قۇربانلىقنىڭ گۇناھلارنى يېپىش ئۈچۈنلىكى»دىن ئىبارەت ئەسلىدىكى مەنىسىدىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتتى. ئادەتتە ھېيتتىكى بۇ «قۇربانلىق» پۈتۈنلەي ئۆيدىكىلەر ۋە دوستلار تەرىپىدىن يەۋېتىلىدۇ؛ بەزىدە ئۇنىڭدىن بىر قىسمى كەمبەغەللەرگە بېرىلىدۇ).

## «قۇربانگاھ»

مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن ئىلگىرى خۇدانىڭ بەندىلىرى، مەسىلەن ھابىل، نۇھ، ئىبراھىم ۋە ئايۇپ پەيغەمبەرلەر قۇربانلىقلارنى قىلغاندا ئادەتتە ئاۋۋال تۇپراق ياكى تاشلاردىن قۇربانلىق سۇپىتىدە ئاددىي بىر سۇپا ياسايتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىپ قۇربانلىقلىرىنى كۆيدۈرەتتى. كېيىن، قۇربانگاھ مۇقەددەس چېدىرنىڭ ھويلىسىغا، ئاندىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىغا قويۇلغان سۇپىمۇ، ياغاچتىن چوڭ ياسىلىپ، مىس بىلەن قاپلانغان.

## «قۇل»

مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، ئىسرائىل جەمئىيىتىدىكى قۇللارنىڭ ئەھۋالى ياكى سالاھىيىتى ئەتراپىدىكى تائىپىلەرنىڭ جەمئىيىتىكىدىكى قۇللارنىڭ ئەھۋالى ياكى سالاھىيىتى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىشى كېرەك ئىدى. مۇقەددەس قانۇن ئىسرائىلدىكى قۇللارغا بېغىشلىغان ھوقۇق ۋە ھىممەت باشقا قەدىمكى ئەللەر ئارىسىدا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى:—

(ئا) بارلىق قۇللار، مەيلى ئىسرائىللىق بولسۇن، چەتئەللىك بولسۇن (ئۇلارنىڭ بارلىق ئۇلاغلىرى بىلەن) ھەر ھەپتىنىڭ بىر كۈنى (شابات كۈنى) دەم ئېلىشى كېرەك («مىس.» 20:9-10).

(ئە) قۇللۇقتا بولۇپ ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇل ئازاد قىلىنىشى كېرەك ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى بارلىق قەرزلىرى كەچۈرۈم قىلىنىشى كېرەك («مىس.» 21:2). ئەگەر ئىگىسىگە ئامراق بولغان بولسا ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقماي، ئۇنىڭ قۇللۇقىدا تۇرۇۋېرىشكىمۇ بولاتتى («مىس.» 21:5-6).

(ب) گەرچە قۇللار ھېچقانداق «ئىش ھەققى» ئالمىغىنى بىلەن (ئۇ ئەسلىدە قەرز تۆلەش سەۋەبىدىن ئۆزىنى قۇللۇققا سېتىۋېتىشقا مەجبۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن) قۇللۇقتىن چىققاندا ئىگىسى ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتنى ئۆتكۈزگۈدەك خىراجەت بېغىشلىشى تەلەپ قىلىنغان («قان.» 15:12-15). شۇنداقلا، ئۇ ئىگىسىنىڭ ئۆيىدە قۇل بولغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ھەممە ھاجەتلىرىدىن، شۇنداقلا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممە ھاجىتىدىن (ئائىلىسىدىكىلەرمۇ بىرگە قۇللۇققا سېتىلغان بولسا) ئىگىسى چىقىشى كېرەك، ھەتتا ئىگىسى خۇدانىڭ نېمە بەخت-بەرىكىتىدىن مۇيەسسەر بولغان بولسا، قۇلىنىڭ مۇشۇلاردىن مۇيەسسەر بولۇشىغا يول قويۇلۇشى كېرەك ئىدى («لاۋ.» 13:19، 18، 25:39-43، 53، «قان.» 12:18).

(پ) قۇل چەتئەللىك بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى «ئە» ۋە «ب»دىكى ئىمتىيازلار بولۇشى ناتايىن ئىدى.

(ت) قۇل ئىگىسى ئۆز قۇلىغا ئاچچىقلىنىپ ياكى نەپرەتلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولسا، خوجايىنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەك؛ ئەگەر قۇل ئېغىر يارىلانغان بولسا ئىگىسى ئۇنى دەرھال ئازاد قىلىشى كېرەك («مىس.» 21:20-21، 26-27). بۇ ئىشلارنى يەكۈنلىگەندە، قۇلنىڭ «ئىنسان ھوقۇقى» ئىگىسىنىڭكىگە ئوپئوخشاش ئىدى.

(چ) يۇقىرىقى ئىشلارنى كۆزدە تۇتقاندا، مەسىھنىڭ بىر ئۇنۋانىنى — يەنى «پەرۋەردىگارنىڭ قولى» دېگەننى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ھەم مۇبارەك بىر نام دەپ چۈشىنىمىز؛ بىز «قول» دېگەننىڭ بۇ مەنىسى ئارقىلىق مەسىھنىڭ روسۇل پاۋلۇس ئارقىلىق ئۆز جامائىتىگە جېكىلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن: — «قېرىنداشلار، سىلەر ئەركىنلىككە چاقىرىلدىڭلار. لېكىن ئەركىنلىكىڭلارنى ئەتلەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە قاندۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلماڭلار، بەلكى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن بىر-بىرىڭلارنىڭ قۇللۇقىدا بولۇڭلار» («يەش.» 1:42-7، 3:49-12، 10:50، 12:53-13:52، «گال.» 13:5)

## «قېرىنداشلار»

تەۋراتتا «قېرىنداشلار» ئادەتتە ئۆزىگە ئۇرۇق-تۇغقان بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىنجىلدا بەزىدە شۇ مەنىدە كېلىدۇ، لېكىن ئىشلىتىلگەن كۆپ يەرلەردە ئېتىقاد جەھەتتىكى قېرىنداشلارنى كۆرسىتىدۇ (چۈنكى ھەممىسى مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن «قايتىدىن تۇغۇلغان»). ئىنجىلدا بۇ ئىبارە ئېتىقادچى ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## «قىمىش»

« قىمىش» — موئابىيلار چوقۇنغان بۇت ئىدى. بۇ بۇتنىڭ «تەلەپ»لىرى تۈرلۈك جىنسىي بۇزۇقچىلىقنى ۋە بەلكىم ئىنسان قۇربانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن ئىدى («1پاد.» 7:11، «يەر.» 7:48نى كۆرۈڭ).

## كافارەت

«كافارەت» (ئىبرانىي تىلىدا «كافار» ياكى «كىپپۇر») دېگەننىڭ تۈپ مەنىسى «يېپىش»تىن ئىبارەت. گۇناھلارغا «كافارەت كەلتۈرۈش» دېگەنلىك «گۇناھلارنى يېپىش» دېگەنلىكتۇر. تەۋرات دەۋرىدە خۇدا گۇناھلارنى ۋاقىتلىق «ياپاتتى» ۋە شۇنىڭدەك شۇ گۇناھلاردىن توۋا قىلىپ قۇربانلىق كەلتۈرگەن بەندىلىرىنى كەچۈرۈم قىلاتتى. ئىنجىل دەۋرى كەلگەندە، ئۇ مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى «يېپىش» ئەمەس، بەلكى گۇناھلىرىنى «ئېلىپ تاشلايدۇ» («يوھ.» 29:1، 36نى كۆرۈڭ).

## «كافارەت تەختى»

«كافارەت تەختى» ئاساسەن «ئەھدە ساندۇقى»نىڭ ياپقۇچىدىن ئىبارەت ئىدى (ئىبرانىي تىلدا «كاپپورەت» — «ياپقۇچ» دېگەن مەنىدە). بىز ئۇنى «كافارەت تەختى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق، «چۈنكى «مىس.» 22:25دە: -- «مەن شۇ يەردە سەن بىلەن كۆرۈشىمەن؛ كافارەت تەختى («كاپپورەت») ئۈستىدە... تۇرۇپ ساڭا ... سۆز قىلىمەن» ... دېيىلىدۇ. دېمەك، بۇ جاي خۇدانىڭ ئولتۇرىدىغان بىر تەختكە ئوخشاشتۇر.

## «كاھىنلار»

ئىسرائىل خەلقى ئارىسىدا «كاھىن» دېگەن سالاھىيەت، شۇنداقلا كاھىنلىق ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىدى. كاھىننىڭ ۋەزىپىسى بىرىنچىدىن خۇدانىڭ ئالدىدا خەلققە ۋەكىل بولۇپ قۇربانلىق قىلىش ۋە دۇئا قىلىش، ئىككىنچىدىن خەلقنىڭ ئالدىدا خۇدانىڭ ۋەكىلى بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ «ئارىچى»، «ئەپلەشتۈرگۈچى»، «خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا كېلىشتۈرگۈچى» رولى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ «خۇدانىڭ ئالدىدا خەلقنىڭ ۋەكىل بولۇش»تىكى مۇھىم بىر خىزمىتى قۇربانلىق ئۆتكۈزۈشنى باشقۇرۇش ئىدى. بۇ خىزمەت ئاۋۋال «مۇقەددەس چېدىر»دىكى قۇربانگاھتا، كېيىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى قۇربانگاھتا بولغانىدى.

كاھىنلارنىڭ رولى يەنە خەلق ئارىسىدا تەۋراتتىن تەلىم بېرىش ئىدى («مال.» 7:2).

ئىسرائىللاردا پەقەت لاۋىي قەبىلىسىدىن، ھارۇننىڭ نەسلى بولغانلار كاھىنلار بولاتتى. ئىنجىل دەۋرىدە «لاۋىيلارنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى» مەسىھ تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بىكار قىلىنغان؛ چۈنكى ئەيسا مەسىھ خۇدا تەرىپىدىن «لاۋىيلارنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى»دىن مۇتلەق ئەۋزەل بولغان «مەلكىزەدەكنىڭ كاھىنلىق تۈزۈمى» تەرتىپىدە باش كاھىن دەپ بېكىتىلگەنىدى («زەب.» 4:110، «ئىبر.» 10:5).

مەسىھنىڭ مەڭگۈلۈك كاھىنلىقىغا ئاساسەن، ئىنجىل دەۋرىدە مەسىھكە بارلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلار «كاھىن» دېيىلىدۇ؛ بۇ كاھىنلىقنىڭ ئىمتىيازلىرى بىلەن ئېتىقادچىلارنىڭ خۇداغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇش، باشقىلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش، خۇدانىڭ نىجاتى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرگە گۇۋاھلىق قىلىشتىن ئىبارەت نېسىۋىسىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

# كالېندار ـ تەۋرات كالېندارى؛ ئايلار ۋە ھېيتلار جەدۋىلىنى كۆرۈڭ

## «كرېستلەش» (چاپراس ياغاچقا مىخلاش)

«كرېستلەش» — كرېستكە مىخلاش ئارقىلىق ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن ئىبارەت. دېمىسىمۇ بۇ ئادەمنى قاتتىق خارلايدىغان، ئىنتايىن دەھشەتلىك، رىم ئىمپېرىيەسى بويىچە ئەڭ ئازابلىق ۋە رەھىمسىز ئۆلۈم جازاسى ئىدى. كرېستلەنگەن ئادەمنى تېخىمۇ نومۇسقا قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ يالىڭاچ قىلاتتى.

## «كونا ئەھدە» ۋە «يېڭى ئەھدە»

مۇقەددەس كىتابتا دېيىلگەن «كونا ئەھدە» خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزى بىلەن ئىسرائىل خەلقى ئوتتۇرىسىدا تۈزگەن ئەھدىسىدۇر. «كونا ئەھدە»نىڭ نېگىزى قىسقىچە ئېيتقاندا «ئەگەر» دېگەن سۆزدە گەۋدىلىنىدۇ: — «ئەمدى ئەگەر سىلەر دەرھەقىقەت مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئەھدەمنى تۇتساڭلار، ئۇنداقتا بارلىق ئەللەرنىڭ ئارىسىدا ماڭا خاس بىر گۆھەر بولىسىلەر» («مىس.» 5:19).

ھالبۇكى، كېيىنكى 1500 يىللىق تارىخ ئىسپاتلىغاندەك، ھېچكىم خۇدانىڭ ئەھدىسىنى تۇتالمىدى. بۇ تەرەپتە ئىسرائىللار پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ — چۈنكى بارلىق ئىنسانىيەت تۇيۇتىن گۇناھكاردۇر («گال.» 3:10-14، 19، 22-26نى كۆرۈڭ). ھەممىمىزنىڭ سېپى ئۆزىدىن گۇناھكار ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاش دەل مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس قانۇننىڭ بىرىنچى مەقسىتىدۇر.

«كونا ئەھدە» (مۇقەددەس قانۇن) ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى، شۇنداقلا ئۈمىدسىز ھالىتىنى چۈشىنىپ يەتكەنلەر بولسا «يېڭى ئەھدە»نىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاشقا تەيياردۇر: — «»مەن ئىسرائىل جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى بىلەن يېڭى ئەھدە تۈزىمەن؛ مەن سىلەرگە يېڭى قەلب بېرىمەن، ئىچىڭلارغا يېڭى بىر روھ سالىمەن... مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كەچۈرىمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز ئېسىگە كەلتۈرمەيمەن» — دەيدۇ پەرۋەردىگار». «يەر.»

31:31-34، «ئەز.» 25:36-27، «ئىبر.» 6:8-13نى كۆرۈڭ. ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولسۇنكى، «يېڭى ئەھدە»دە «ئەگەر» دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ ــ يېڭى ئەھدە خۇدا تەرىپىدىن بىۋاستە چۈشۈرۈلگەن ــ بىز بولساق پەقەت ئۇنى «ئامىن!» («مەندە شۇنداق بولسۇن» ياكى «شۇنداق بولغاي!») دەپ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەكتۇر، خالاس. ئايەتلەردە كۆرستىلگەندەك، «يېڭى ئەھدە» كىشلەر مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشى بىلەنلا، دەرھال ئۇلارنىڭ قەلبىدە، روھىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. «ئەزاكىيال»دىكى «قوشۇمچە سۆز»دىكى 36-باب توغرۇلۇق ئىزاھاتىمىزنىمۇ كۆرۈڭ.

## «كۆتۈرمە ھەدىيە»

«كۆتۈرمە ھەدىيە» ــ كاھىن ياكى ھەدىيەنى سۇنغان كىشى پەرۋەردىگارغا ئىككى قوللاپ ئالاھىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتىغان ھەدىيە. «كۆتۈرمە ھەدىيە» ئادەتتە قۇربانلىقتا مەسئۇل كاھىنغا تەۋە بولاتتى.

## «كېرۇبلار»

«كېرۇبلار» ــ بەلكىم ئالەمدىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پەرىشتىلەر بولۇشى مۇمكىن («يار.» 24:3، «ئەزاكىيال» 1-باب، 10-بابنى كۆرۈڭ).

## «گوئېل»
## «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» ياكى «ھەمجەمەت-نىجاتكار»

مۇساغا تاپشۇرۇلغان قانۇن بويىچە، بىرسى نامراتلىشىپ قەرزدار بولۇپ قېلىپ، ئۆز يەرلىرىنى سېتىشقا، ھەتتا ئۆزى ياكى ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇللۇققا سېتىشقا مەجبۇر بولغاندا، بۇنداق سودا-سېتىق پەقەت «ئازادلىق يىلى» (يەنى «كاناي-بۇرغا چالىدىغان يىلى»، «شادلىق يىلى»، ھەربىر 50-يىلى)غىچە ئىناۋەتلىك بولاتتى («لاۋ.» 10:25-55نى كۆرۈڭ). شۇ يىلدا بارلىق تەئەللۇقاتلار ئەسلىدىكى ئىگىسىگە ياكى ئەڭ يېقىن تۇغقىنىغا قايتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى (ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا). ھالبۇكى، «ئازادلىق يىلى»دىن ئىلگىرى مەلۇم بىر تۇغقىنى نامرات قېرىندىشىنىڭ باشقىلارغا سېتىۋەتكەن يەر-زېمىنلىرىنى ئۇنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە، سېتىۋېلىپ قايتۇرۇپ بېرىش ھوقۇقى بار ئىدى. شۇنىڭدەك، قېرىندىشى ياكى ئائىلىسى قۇللۇقتا بولغان بولسا، پۈتۈن

ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇللۇقتىن ھۆر قىلىپ سېتىۋېلىش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. قانۇن بويىچە باھاسى ئادىل بولسا ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ يولىنى توسيالمايتتى. ئىبرانىي تىلىدا بۇنداق تۇغقىنىنى سۈپەتلەيدىغان سۆز «گوئېل» دېيىلەتتى؛ بىز «گوئېل»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» ياكى «ھەمجەمەت-نىجاتكار» دېگەننى تاللىۋالدۇق.

مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى باشقىلار تەرىپىدىن زەخمىگە ئۇچرىغان ياكى ئەجەللىك بىر زەربە بىلەن ئۆلگەن بولۇپ، پاكىتى تولۇق بولسا، شۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسىغا «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى»لىق رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا رازى بولغان بىر تۇغقىنىنىڭ جاۋابكاردىن زىياننى تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى («قان.» 19:1-13، «يە.» 20:1-9؛ يەنە «ئايۇپ» 25:19نى ۋە ئىزاھاتىنى كۆرۈڭ).

تەۋرات دەۋرىدە خۇدا ئىسرائىلغا كۆپ يەرلەردە ئۆزىنى «مەن سىلەرنىڭ ھەمجەمەت-نىجاتكارىڭلارمەن» دەپ ئاتايدۇ. ئىنجىلدا بولسا مەسىھ ئەيسا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە «ھەمجەمەت-نىجاتكار» بولۇشقا كەلدى، دېيىلىدۇ.

## «لاۋىيلار»

«لاۋىيلار» — «لاۋىي» قەبىلىسىدىن بولغانلار، يەنى ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلىدىن بىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئىسرائىل چۆل-باياۋاندا سەپەر قىلغان كۈنلەردە، خۇدا ئىسرائىلنى سىنىغاندا، ئۇنىڭغا ناھايىتى سادىق بولغاچقا، لاۋىي قەبىلىسىدىكىلەر «مۇقەددەس چېدىر»دىكى ئالاھىدە خىزمەتتە بولۇشقا بېكىتىلگەن. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى كاھىنلارغا ياردەمچى بولۇش، سەپەر قىلغان ۋاقىتلاردا «مۇقەددەس چېدىر» ۋە بارلىق ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈش، توختىغان يەرلەردە چېدىرنى قايتىدىن قۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. كېيىن، سۇلايمان پادىشاھ ئىبادەتخانىنى قۇرغاندا، ئۇلار ئىبادەتتە مەدھىيە ناخشىلىرى ئوقۇش، نەغمە-ناۋا ئېيتىش، شۇنىڭدەك خەلق ئارىسىدا تەلىم بېرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان.

## «لېۋىئاتان» — «ئەجدىھالار» ھەم «لېۋىئاتان»نى كۆرۈڭ

## (LXX) «سەپتۇئاگىنت»

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە، شۇ چاغدىكى گرېك ئىمپېرىيەسىدە تارىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلاردىن كۆپ قىسمى ئىبرانىي تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇلار تەۋراتنى ئوقۇيالمىغاچقا، شۇ چاغدا ئۇلارنى دەپ، تەۋراتنىڭ بىر گرېكچە تەرجىمىسى ئىشلەنگەن. بۇ تەرجىمە «سەپتۇئاگىنت» دېيىلىدۇ («قىسقىچە «LXX»).

## «ماننا»

«ماننا» ئىسرائىل چۆل-باياۋاندا سەپەر قىلغان قىرىق يىلدا، ئۇلار ھەر ئەتىگەندە شەبنەم بىلەن تەڭ خۇدا ئەرشتىن چۈشۈرگەن بۇ ئالاھىدە تائام بىلەن ئوزۇقلاندى. بۇ پۈتكۈل مۇقەددەس كىتابتا خاتىرىلەنگەن مۆجىزىلەردىن ئەڭ ئۇزۇنى ھېسابلىنىدۇ — ئاز دېگەندىمۇ ئىككى مىليون ئادەم ئۇنىڭدىن قىرىق يىل ھەر كۈنى يەپ تويۇندى. «ماننا»نىڭ مەنىسى «ئۇ نېمە؟» — بۇ خەلقنىڭ ئۇنى تۇنجى كۆرگەن چاغدىكى ئىنكاسى ئىدى («يە.» 12:5، «يۇھ.» 31:6).

## «مەڭگۈ» — «ئەبەدىي»، «مەڭگۈ»نى كۆرۈڭ

## «مولەك»

«مولەك» — ئاممونىيلار ۋە ئېدومىيلار چوقۇنغان بۇت ئىدى. بۇ بۇتنىڭ «تەلەپ»لىرى ئىنسان قۇربانلىقى ۋە تۈرلۈك جىنسىي بۇزۇقچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى («لاۋ.» 21:18، «1پاد.» 7:11، «يەر.» 35:32نى كۆرۈڭ).

## «مۇتلەق ئاتاش» — «(خۇداغا) مۇتلەق ئاتالغان»نى كۆرۈڭ

## «مۇرمەككى»

«مۇرمەككى» — ئىنتايىن قىممەتلىك بىرخىل ئەتىر ياكى دورا-دەرمان. پۇرىقى ھەم ئاچچىق ھەم خۇشپۇراق، ئۇ مېيىتكە سۈرتۈلسە، ئۇنى چىرىشتىن ساقلايدۇ («لۇقا» 38:7، «يۇھ.» 39:19).

## «مۇسانىڭ قانۇنى»

«مۇسانىڭ قانۇنى» — مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇننى كۆرسىتىدۇ (ئۇ «يارىتىلىش»، «مىسىردىن چىقىش»، «لاۋىيلار»، «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر» ۋە «قانۇن شەرھى»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

## «مۇقەددەس»

مۇقەددەس — «پاك، پەرۋەردىگارغا خاس، ئالاھىدە ئاتالغان» دېگەن مەنىدە. بۇ ئۇقۇم ئىبرانىي تىلىدا «قودەش» («مۇقەددەسلىك») دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرگە بەلكىم ئايانكى، «مۇقەددەس»نىڭ ئەسلى مەنىسى دەل «خۇداغا ئالاھىدە ئاتالغان، پاك» دېگەنلىكتۇر.

## «مۇقەددەس چېدىر»

«مۇقەددەس چېدىر» — «ئىبادەت چېدىرى»، «جامائەت چېدىرى» ۋە «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى» («ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساقلانغان چېدىر») دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە «مۇقەددەس چېدىر» ئىسرائىللارنىڭ بارگاھىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاندى؛ ئىسرائىللار شۇ يەرگە يىغىلىپ كاھىنلارنىڭ يېتەكلىشىدە خۇداغا قۇربانلىق قىلىپ ئىبادەت قىلاتتى («مىس.» 25-31، 35-40-بابلارنى كۆرۈڭ).

مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، پەقەت «خۇدا ئۆز نامىنى قويۇشقا تاللىغان جاي»دا قۇربانلىق قىلىسا توغرا بولاتتى. بۇ «خۇدا ئۆز نامىنى قويۇشقا تاللىغان جاي» ئاۋۋال «مۇقەددەس چېدىر» (قەيەردە تىكىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر)، ئاندىن يېرۇسالېمدىكى مەركىزىي ئىبادەتخانا ئىدى («ئىبادەتخانا»نى كۆرۈڭ).

## «مۇقەددەس جاي» («مۇقەددەس چېدىر»دىكى «مۇقەددەس جاي»، «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»دىكى «مۇقەددەس جاي»)

«مۇقەددەس چېدىر» ۋە كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان «مۇقەددەس ئىبادەتخانا» توغرىسىدىكى بايانىنى كۆرۈڭ. «مۇقەددەس چېدىر» خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرغان لايىھە بويىچە قۇرۇلغان. خۇدانىڭ مەقسىتى «مېنىڭ ئىسرائىللار ئارىسىدا ماكان قىلىشىم

ئۆچۈن... ئۇلار ماڭا بىر مۇقەددەس تۇرالغۇنى ياسىسۇن» («مىس.» 8:25). «مۇقەددەس چېدىر» «سىرتقى ھويلا»، «مۇقەددەس جاي» ۋە «ئەڭ مۇقەددەس جاي» دېگەن ئۈچ يەردىن تەركىب تاپقان. «مۇقەددەس جاي»غا كىرىشكە پەقەت كاھىنلارغىلا رۇخسەت بولغان ئىدى؛ ئۇلار ھەر كۈنى «چىراغدان»نى پەرلەشكە ۋە خۇشبۇيىنى سېلىشقا ئىككى قېتىم كىرەتتى.

«ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا كىرىشكە پەقەت باش كاھىنغىلا رۇخسەت بولغان. باش كاھىن يىلدا بىر كۈنلا ئۇ ئۆزى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئاندىن پۈتكۈل ئىسرائىل ئۈچۈن كافارەت قىلىشقا كىرەتتى.

«مۇقەددەس ئىبادەتخانا» «مۇقەددەس چېدىر»نىڭ ئورنىنى باسقاندىن كېيىن «مۇقەددەس جاي» ۋە «ئەڭ مۇقەددەس جاي»غا بولغان شۇ تۈزۈم ئۆزگەرمەي داۋام قىلىندى.

خېرتە-سخېمىلارنىمۇ كۆرۈڭ.

## «نازارىيلار»

«نازارىيلار» — «نازارىي» دېگەن سۆز «(خۇداغا) ئاتىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تەۋرات دەۋرىدە، «نازارىي بولىمەن» دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر ئۆزىنى مەلۇم بىر مۆھلەتتە ياكى ئۆمۈرۋايەت خۇداغا ئاتايدۇ.

قەسەم قىلغان مۆھلەت ئۈچۈن ئۆزىنى خۇداغا ئالاھىدە بېغىشلىغان كىشى قەسەم قىلغان مەزگىلدە چېچىنى چۈشۈرمەيتتى، ھېچقانداق ھاراق-شاراب ياكى ئېچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچمەيتتى، ئۈزۈمدىن ياسالغان ھەرقانداق نەرسىنى يېيىش-ئىچىشتىن ئۆزىنى چەكلەيتتى. بەزىلەر ئۆمۈرۋايەت شۇنداق قىلغان (مەسىلەن شىمشون، چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا پەيغەمبەر). «چۆل.» 6-بابنى كۆرۈڭ.

## «نىكولاتىيلار»

«نىكولاتىيلار» — «ۋەھ.» 6:2 ۋە 15:2دە تىلغا ئېلىنغان بۇ بىر گۇرۇھ كىشىلەر «ۋەھيي» دېگەن كىتاب ۋەھيي قىلىنغان ۋاقىتتا جامائەتلەر ئارىسىدا ئاللىقاچان پەيدا

بولغان رەزىل بىر تۈركۈم ئالدامچىلار ئىدى. بەزى ئالىملار ئۇلارنى «نىكولاس» ئىسمىلىك مەلۇم كىشىگە ئەگەشكۈچىلەر دەپ قارايدۇ؛ بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولغىنى بىلەن، بىز بۇ گۇرۇھنىڭ ئىسمى بەلكىم ئۇلارنىڭ بىدئەت تەلىملىرى ۋە ئەمەللىرىدىن كەلگەن دەپ قارايمىز. «نىكولاس» ياكى «نىكولائۇس» دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسى «خەلقنى يەڭگۈچى»دۇر. شۇڭا شۇ ئىسىم بەلكىم ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ جامائىتىنىڭ ئۈستىگە خوجايىنلىق قىلماقچى بولۇپ، ھەممىسىنى كونترول قىلىشقا ئىنتىلىدىغان، مەسىھنىڭ تېنى بولغان جامائەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى بوغۇشنى خالايدىغان بىر گۇرۇھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايمىز. «2كور.» 24:1، «1پېت.» 5:1-4نى كۆرۈڭ.

## «ھارام» — «ھالال» ۋە «ھارام»نى كۆرۈڭ

## «ھالال» ۋە «ھارام» ھېسابلانغان ھايۋانلار

تەۋراتتىكى ئاۋۋالقى بابلاردىن ئۆگىنىمىزكى، بەزى ھايۋانلار «ھالال»، بەزىلەر «ھارام» دەپ ھېسابلىناتتى («يار.» 2:7-3). ھالبۇكى، بۇ «ھالال ھايۋانلار»نى يېگىلى بولىدۇ، «ھارام ھايۋانلار»نى يېگىلى بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى شۇ چاغدا (نۇھ دەۋرىدە) ئىنسانلارغا گۆش يېيىشكە تېخى رۇخسەت بېرىلمىگەنىدى. «يار.» 3:9-4دە خۇدا نۇھ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا گۆش يېيىشكە رۇخسەت بېرىدۇ (ھەممىمىز نۇھنىڭ ئەۋلادلىرىدۇرمىز)، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۆش توغرۇلۇق پەرھىز بېرىلگەن ئەمەس. شۇڭا «يار.» 20:9دىن ئېنىقكى، «ھالال» دېگەننىڭ مەنىسى «قۇربانلىقلار ئۈچۈن مەقبۇل بولىدۇ» دېگەنلىكتۇر. ئەمدى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ قايسى ھايۋانلارنىڭ قۇربانلىققا قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى، قايسىلىرى قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى قانداق بىلگەنلىكىنى بىلمەيمىز. خۇدا ئەسلىدە ئادەمئاتىمىز ياكى قابىل ۋە ھابىلغا شۇنى ئايان قىلغاندۇ. چۈنكى ھابىل خۇدانىڭ قايسى ھايۋانلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن («يار.» 3:4-7).

كېيىن، قايسى ھايۋانلار خۇداغا مەقبۇل بولىدۇ دېگەن خەۋەر تەۋراتتىكى «لاۋىيلار» دېگەن كىتاب («قۇربانلىق قىلىش دەستۇرى») ئارقىلىق يەھۇدىي خەلقىگە ئېنىق بېكىتىلگەن. شۇ كىتابتىمۇ خۇدا يەھۇدىي خەلقىگە: سىلەر ئۈچۈن پالانچى جانىۋارلارنى يېگىلى بولىدۇ، پالانچىلىرىنى يېگىلى بولمايدۇ، دەپ تاپىلايدۇ — شۇنىڭدىن كېيىن

بۇ جانىۋارلار شۇ تەرەپتىن ئۇلارغا «ھالال» ۋە «ھارام» دەپ بىلىنگەن. بۇ تىزىملىك توغرۇلۇق «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنىمۇ كۆرۈڭ. لېكىن خۇدا ھېچقاچان بۇ پەرھىزلەرنى «يات ئەللىكلەر» (تائىپىلەر، يەھۇدىي ئەمەسلەر)گە تاپىلىغان ئەمەس («روس.» 1:15-29نى كۆرۈڭ)

بۇ ئىش توغرۇلۇق رەببىمىزنىڭ «مار.» 1:7-23دە خاتىرىلەنگەن سۆزلىرى، «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 10-باب (روسۇل پېترۇس كۆرگەن ئالامەت كۆرۈنۈش)، «رىم.» 1:14-23، «1كور.» 13:6، «تىت.» 5:1، «1تىم.» 1:4-6، «ئىبر.» 10:9نىمۇ كۆرۈڭ).

## «ھالىلۇياھ» («ھەمدۇسانا»)

«ھەمدۇسانا» ئادەتتە گرېك تىلى ۋە ئىبرانىي تىلدا «ھالىلۇياھ!» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «ھالىلۇياھ»نىڭ مەنىسى ««ياھ»قا (ياھۋەھگە، پەرۋەردىگارغا) مەدھىيە بولغاي!». ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە باركى، «ياھ» «ياھۋەھ» (پەرۋەردىگار)نىڭ قىسقارتىلغان شەكلىدۇر.

## «ھەسەت» – «خۇدانىڭ ھەسەتلىك غەزىپى»نى كۆرۈڭ

## «ھەققانىي قىلىش»

«ھەققانىي قىلىش» — ئىنجىلنىڭ خۇش خەۋىرىگە ئاساسەن بىرسى ئەيسا مەسىھگە ئېتىقاد قىلسا، خۇدا ئۇنى «ھەققانىي قىلىدۇ». بۇنداق ھەققانىيلىق ھەم ئېتىقادچى كىشىگە تولۇق ھېسابلىنىدۇ ھەم شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچىگە (ئادەمنىڭ روھىغا) كىرگۈزۈلىدۇ («رىم.» 22:3، 3:4-8، 10:8 ۋە ئىزاھاتلارنى كۆرۈڭ).

## «ھەمجەمەت-قۇتقۇزغۇچى» ياكى «ھەمجەمەت-نىجاتكار» - «گوئېل»نى كۆرۈڭ

## «ھوساننا»

«ھوساننا» — ئىبرانىي تىلدا «قۇتقۇزغايسەن، ئى پەرۋەردىگار» دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز زەبۇر، 118:25-26دىكى بېشارەتتىن تېپىلىدۇ. ئىنجىل دەۋرىگە كەلگەندە «خۇداغا تەشەككۇر-سانا» دېگەن مەنىدىمۇ بولغان. زەبۇر 118-كۈيدىكى ئىزاھاتلارنىمۇ كۆرۈڭ.

## «ھۆكۈم-گۇۋاھ» («ئۇن ئەمر»نىمۇ كۆرۈڭ) (بەزىدە «خۇدانىڭ گۇۋاھلىقى»، «خۇدانىڭ ھۆكۈم-گۇۋاھلىقى»، «ئۇن ئەمر»مۇ دېيىلىدۇ)

خۇدا سىناي تېغىدا مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرغان «ئون پەرز» ياكى «ئون ئەمر» پۈتۈلگەن ئىككى تاش تاختاي «ھۆكۈم-گۇۋاھ» دېيىلىدۇ («مىس.» 18:31؛ 20-بابنى كۆرۈڭ). نېمىشقا «ھۆكۈم-گۇۋاھ» ياكى «گۇۋاھلىق» دېيىلىدۇ؟ چۈنكى «ئون پەرز» خۇداغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ؛ خۇدانىڭ ھەققانىي تەبىئىتى، مۇقەددەس ماھىيىتى ۋە ئىنسانلارغا باغلىغان كۈيۈمچانلىق-غەمخورلۇقى شۇ ئەمرلەردە ئايان قىلىنغاچقا، «ھۆكۈم-گۇۋاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ «ئون پەرز»نى خۇدانىڭ ئىسرائىلغا بولغان تۈپ ئەمرلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان ئەھدىسىنىڭ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ؛ شۇ ئەمرلەر پۈتۈلگەن تاش تاختايلار «ئەھدە ساندۇقى»دا ساقلىناتتى. شۇڭا بەزىدە ساندۇق «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق ساندۇقى»، ئىبادەت چېدىرى بولسا، «ھۆكۈم-گۇۋاھلىق چېدىرى» دەپ ئاتىلىدۇ («مىس.» 20:40نى كۆرۈڭ).

## «ھىرودلار»

«ھىرودلار» ئىنجىل دەۋرىدە يەھۇدىيە ئۆلكىسىنى ۋە ئەتراپىدىكى ئۆلكىلەرنى سورىغان ئېدومىي مىللەتتىن بولغان بىر خاندانلىققا تەۋەلىك پادىشاھلار ياكى ھاكىملار، ئۇلار ئاساسەن رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ «قونچاق پادىشاھ»لىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ تەپسىلىي

تارىخى توغرۇلۇق خەۋەر «ماتتا»دىكى قوشۇمچە سۆز، شۇنداقلا «ھېرودلار» نەسەبنامىسى كۆرسەتكەن سىخېمانىمۇ كۆرۈڭ.

## «ئون ئەمر» («ھۆكۈم-گۇۋاھ»نىمۇ كۆرۈڭ)

مۇسا پەيغەمبەر سىناي تېغىدا خۇدادىن «مۇقەددەس قانۇن» تاپشۇرۇۋالغاندا («مىس.» 20-31-بابلار)، شۇ قانۇننىڭ بىرىنچى قىسمى ئىسرائىلغا ئالاھىدە بۇيرۇغان ئون ئەمردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ «ئون ئەمر» ئىككى تاش تاختايغا پۈتۈلۈپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان («مىس.» 12:24، 18:31). بۇ ئاۋۋالقى تاش تاختايلارنى مۇسا پەيغەمبەر خەلقنىڭ ئىتائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن تاشلاپ چېقىۋەتتى («مىس.» 32:1-16). ئاندىن خۇدا ئۇنىڭغا: — «سەن ئاۋۋالقىغا ئوخشاش ئۆزۈڭ ئۈچۈن تاشتىن ئىككى تاختىنى يونۇپ كەل؛ مەن بۇ تاختايلارغا سەن ئىلگىرى چېقىۋەتكەن تاختايلاردىكى سۆزلەرنى يېزىپ قويىمەن» دېدى («مىس.» 34:1، «قانۇن شەھرى» 10:1-2). ئاندىن مۇسا ئىسرائىلنى بۇ ئىككى تاش تاختاينى «خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن تۈزگەن ئەھدىنىڭ نىگىزى» دەپ بىلسۇن دەپ، ئۇلارنى «ئەھدە ساندۇقى» ئىچىگە قويغان. «ئون ئەمر» «مىس.» 20:1-17، شۇنداقلا «قانۇن شەھرى» 5:6-21دە تېپىلىدۇ.

## «ئۇخلاش» — «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى»، «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى»، «ئۇ خەلقىگە قوشۇلدى» قاتارلىق ئىبارىلەر

«ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى» دېگەن ئىبارە تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» «پادىشاھلار» ۋە «تارىخ-تەزكىرە» دېگەن قىسىملاردا تېپىلىدۇ (بۇنىڭغا ئوخشايدىغان «ئۇ ئۆز خەلقلىرىگە يىغىلدى» دېگەندەك ئىبارىلەر باشقا يەرلەردىمۇ تېپىلىدۇ). بەزى ئالىملار بۇ ئىبارىنى پەقەت «ئۇ ئۆلدى» دېگەن مەنىدىكى سىلىق گەپ (ئىۋفېمىزم)، خالاس، دەپ قارايدۇ. بىز بولساق بۇ كۆزقاراشنى مۇقەددەس يازمىلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى سۇسلاشتۇرىدۇ، دەپ ئويلايمىز. روسۇل پاۋلۇس بىزگە «پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ روھىنىڭ يوليورۇق-ئىلھامى بىلەن يېزىلغان» دەپ ئەسلىتىدۇ («1تىم.» 16:3). خۇدا بىر سۆزنى ھەرگىز بىكار ياكى بىھۇدە ئىشلەتمەيدۇ، ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك

(«مات.» 36:12). «خۇدانىڭ مۇقەددەس ئادەملىرى مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلەپ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن» مۇقەددەس يازمىلارنى يازغانلىرىدا ھېچ بىكار سۆز ئىشلەتمەيدىغانلىقى تۇرغان گەپتۇر («2پېت.» 1:20-21).

رەببىمىز ئۆزى ۋە ئۇنىڭ روسۇللىرى ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆلۈمنى تىلغا ئالغان بولسا دائىم «ئۇخلاش» دەپ ئاتايدۇ. بىز بۇ سۆزدىن ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشىنىڭ ئارىلىقىدىكى ھالىتىنى بىرخىل روھىي ھوشسىزلىق ياكى «يوقلۇق» دەپ ئويلىمايمىز. ئەمەلىيەتتە، «ئۇيقۇ» جىسمانىي جەھەتتە ھېچقانداق «ھوشسىزلىق» ھالىتىنى كۆرسەتمەيدۇ؛ ھەممە كىشىلەر ئۇخلىغاندا چۈش كۆرىدۇ، ھەتتا ئىتلارمۇ چۈش كۆرىدۇ! ئىنسانلارنىڭ نورمال ئۇيقۇسى بولسا، دەرۋەقە ھوشسىزلىق ئەمەس. ئۆلۈم بىلەن تىرىلىشنىڭ «ئارىلىقىدىكى ھالەت» توغرۇلۇق مۇقەددەس يازمىلاردىن «يەش.» 14:4-19، «ئەز.» 31-باب، «2كور.» 6:5-9، «لۇقا» 19:16-31 قاتارلىق قىسىملار بىزنى ئۈچچۈر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مۇشۇ قىسىملارنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىدا («لۇقا»دا) رەببىمىز ئېتىقادچى بولغان «تىلەمچى لازارۇس» ۋە ئېتىقادسىز نامسىز بىر باينىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئەھۋالىنى بىزگە بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەسۋىرلىرى بويىچە ئىككىسىنىڭ روھلىرىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكى ۋە مەلۇم دەرىجىدە خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۈستىدىن قىلغان جازا ھۆكۈمىگە ئۇچرىغانلىقى كۆرۈنىدۇ؛ ئېتىقادسىز باي ئادەمنىڭ روھى قىينىلىدۇ، لازارۇسنىڭ روھى «ئىبراھىمنىڭ قوينىدا» راھەتلىنىپ ياتىدۇ («لۇقا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزنى كۆرۈڭ).

شۇنىڭ بىلەن بىز «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى» دېگەن ئىبارىنى ئىنساننىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنكى، ئەمما تىرىلىشتىن ئىلگىرىكى ئويغاق روھىي ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. يەنە مۇمكىنچىلىكى باركى، «پادىشاھلار» ۋە «تارىخ-تەزكىرە»دىكى «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى» دېگەن ئىبارىدە «ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى» دېگەن سۆز جىسمانىي جەھەتتە ئىشلىتىلىپلا قالماي، يەنە روھىي جەھەتتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. دېمەك، كۆزدە تۇتۇلغان پادىشاھ ئېتىقادچى بولسا، «ئۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا ئۇخلىدى» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ روھى ئۆلۈمدىن كېيىن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئېتىقادچى پادىشاھلار ۋە ئېتىقادچى ئەجدادلىرى بىلەن بىللە راھەتتە بولۇشقا بارىدۇ ؛ پادىشاھ ئېتىقادسىز ئادەم بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ روھى ئۆلۈمدىن كېيىن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئېتىقادسىز پادىشاھلار ۋە ئېتىقادسىز ئەجدادلىرى بىلەن بىللە قاراڭغۇلۇقتا بولۇشقا بارىدۇ («ئەز.» 20:32-32دىمۇ

كۆرستىلگەندەك) دەپ ئايان قىلىندۇ. مەسىلەن، «1پاد.» 11:15، 24، 50:22، «2پاد.» 3:14، 38:15، 2:16، 3:18، 5:20، 2:22دە بەزى ئېتىقادچى پادىشاھلارنى تىلغا ئېلىنغاندا «ئۇنىڭ ئاتىسى داۋۇت» دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلىدۇ. بۇلاردا بىردىنبىر ئىستىسناسى بولسا ئاھاز پادىشاھ، ئۇ «1پاد.» 2:16دە تىلغا ئېلىنغاندىمۇ «ئۇنىڭ ئاتىسى داۋۇت» دېيىلىدۇ؛ لېكىن «ئۇ ئاتىسى داۋۇت قىلغاندەك ئەمەس، ئەكسىچە پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغاننى قىلمىدى».

«ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن ئۇخلىدى» دېگەن ئىبارە توغرۇلۇق مۇشۇ كۆزقاراش توغرا بولسا، ئەمدى رەببىمىز «لۇقا» 16-بابتا ئايان قىلغاندەك، ئېتىقادچىلار ۋە ئېتىقادسىزلارنىڭ تەھتىسارادا (شېئول ياكى ھادىستا) بىر-بىرىدىن ئايرىلىشى پۈتكۈل تەۋرات دەۋرىدە (مەسىھنىڭ ئۆلۈمگە قەدەر) مەۋجۇت بولغان بولسا كېرەك.

## «ئۇرىم ۋە تۇممىم»

«ئۇرىم ۋە تۇممىم» ئالاھىدە بىرخىل تاشلار. بۇ تاشلار ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقى خۇدادىن يول سورىسا بولاتتى. ئۇلاردىن ھەرخىل جاۋاب چىقاتتى، مەسىلەن، «شۇنداق»، «ياق» دېگەندەك؛ بەزى ئەھۋاللاردا ھېچقانداق جاۋاب بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن (مەسىلەن، «ھاك.» 23:20، «1سام.» 37:14، 2:23-4، 6:28، «2سام.» 1:2 قاتارلىقلارنى كۆرۈڭ). «ئۇرىم»نىڭ مەنىسى «نۇرلار»، تۇممىم»نىڭ مەنىسى، «مۇكەممەللىك» ياكى «مۇكەممەل ئىشلار» دېگەنلىك؛ لېكىن ئۇلارنىڭ تەپسىلاتلىرى ھازىر بىزگە نامەلۇم.

## «ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ»

«ئۆز خەلقىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ» دېگەننىڭ مۇنداق بىرنەچچە چۈشەنچىسى بولۇشى مۇمكىن: (1) پەرۋەردىگار ئۇنى بىۋاستە ئۆلتۈرىدۇ؛ (2) جامائەت ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ؛ (3) جامائەت ئۇنى ئىبادەت سورۇنلىرىدىن ھەيدىۋېتىدۇ ياكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇنى پالۋېتىدۇ؛ (4) ئۇنىڭدىن ھېچ نەسىل قالدۇرۇلمايدۇ.

بىزنىڭچە بۇ سۆزنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئايەتلەردە خۇدانىڭ باشقا ئېنىق بۇيرۇقى كۆرسىتىلمىسە، ئۇنداقتا بىرىنچى چۈشەنچە (خۇدا ئۆزى شۇ ئادەمنى بىۋاستە ئۆلتۈرىدۇ) توغرا بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز.

## «ئۆزگەرمەس مۇھەببەت» - ئىبرانىي تىلىدا «خەسەد»

«ئۆزگەرمەس مۇھەببەت» — تەۋراتتا «ئۆزگەرمەس مۇھەببەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بۇ سۆز ئىبرانىي تىلىدا «خەسەد» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇر بولۇپ، كۆپ يەرلەردە «ئۆزگەرمەس مۇھەببەت» ياكى «سادىق مېھرىبانلىق» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. «خەسەد» كۆپ يەرلەردە بىر خىل ئەھدە بىلەن باغلىق بولىدۇ؛ شۇڭا سۆزنىڭ ئۇزۇنراق بىرخىل تەرجىمىسى: «ئۆزگەرمەس مېھىر-مۇھەببەتتىن ئەھدىدە چىڭ تۇرىدىغان». بۇ سۆز «يار.» 23:21، 12:24، 10:32، «مىس.» 13:15، 6:34-7، «رۇت» 8:1، 20:2، 10:3دە ئىشلىتىلگەن («رۇت»تىكى ئايەتلەردە بولسا، «خەسەد» ھەم خۇدانىڭ «ئۆزگەرمەس مۇھەببەت»ى ھەم ئىنسانلارنىڭ «ئۆزگەرمەس مۇھەببەت»نى كۆرستىدۇ).

## «ئۆزۈڭلارنى پاك قىلىڭلار» ياكى «ئۆزۈڭلارنى پاك-مۇقەددەس قىلىڭلار»

«ئۆزۈڭلارنى پاك قىلىڭلار» ياكى «ئۆزۈڭلارنى پاك-مۇقەددەس قىلىڭلار» دېگەندەك ئەمر تەۋرات دەۋرىدە ئادەتتە خەلققە ياكى كاھىنلارغا ئېيتىلغان بولسا، ئادەتتە مەلۇم بىر رەسمىي ئىبادەت پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. «مىسىردىن چىقىش» 29-بابتا ۋە «لاۋىيلار» 7-بابتا قەيت قىلىنغان رەسمىي «پاكلىنىش» بولسا، تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن: —

(ئا) ئۆلۈك نەرسىلەرگە تەگمەسلىك؛

(ئە) تەنلىرىنى يۇيۇش؛

(ب) پاكىز كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىش؛

(پ) ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن «گۇناھ قۇربانلىقى» سۇنۇش قاتارلىقلار.

مۇشۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، تەۋرات دەۋرىدە «تەندىكى ناپاكلىق» كىشىلەرنىڭ خۇداغا دۇئا قىلىشىغا ھېچقانداق تولسالغۇ ئەمەس ئىدى.

ئىنجىل دەۋرىدە بولسا، «پاك-مۇقەددەس بولۇش» تاشقى ياكى تەندىكى پاكلىقتىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسىنىڭ پاكلىقىدىدۇر، يەنى خۇدا ئالدىدا پاك قەلبلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مەسىھگە باغلانغان ھەقىقىي ئېتىقاد  بىرەر ئىبادەت ياكى مەلۇم بىرەر ھاجىتىمىز ئۈچۈن تەييارلىنىشتا ئەمەس، بەلكى ھەردائىم «پاك-مۇقەددەسلىكتە تۇرۇش»تا ئايان بولىدۇ: —

«لېكىن ئۇ ئۆزى نۇردا بولغىنىدەك بىزمۇ نۇردا ماڭساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ بىر-بىرىمىز بىلەن سىرداش-ھەمدەملىكىمىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھنىڭ قېنى بىزنى بارلىق گۇناھتىن پاكلايدۇ. ئەگەر گۇناھىمىز يوق دېسەك، ئۆز ئۆزىمىزنى ئالدىغان بولىمىز ھەمدە بىزدە ھەقىقەت تۇرمايدۇ. گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلساق، ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈشكە ۋە بىزنى بارلىق ھەققانىيسىزلىقتىن پاك قىلىشقا ئىشەنچلىك ھەم ئادىلدۇر» (1يۇھ.» 1:7-9).

بۇ مۇھىم ئىشلار توغرىسىدا تېخىمۇ چۈشىنىشكە ئىگە بولاي دېسىڭىز روسۇل يۇھاننانىڭ شۇ ئۇلۇغ مەكتۇپىنى كۆرۈڭ.

## ئېپىكۇرىئانىزم» (ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر «ئېپىكۇرلار» دېيىلىدۇ)

«ئېپىكۇرىئانىزم» — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4- ۋە 3-ئەسىردە پەيدا بولغان بىر خىل پەلسەپىۋى ئېقىم. «ئېپىكۇرلار» — «لەززەت»نى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ھەرتۈرلۈك «ئىلاھ» ۋە «ئاخىرەت» دېگەنلەرگە قارشى ئىدى.

## «ئىبادەتخانا» («مۇقەددەس ئىبادەتخانا»)

«ئىبادەتخانا» — سۇلايمان پادىشاھ سەلتەنەت قىلغان يىللاردا ئۇ پايتەختى يېرۇسالېمدا «مۇقەددەس چېدىر»نىڭ ئورنىغا ئىنتايىن چوڭ، ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆركەم ئىبادەتخانىنى ياساتتى («1پاد.» 5-6-بابلار).

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 597-يىلى بابىل ئىمپېراتورى نېبوقادنەسار ئىسرائىللارنى سۈرگۈن قىلغان ۋاقىتدا ئۇ ئىبادەتخانىنى مۇتلەق خارابە قىلىۋەتتى. يەتمىش يىلدىن كېيىن سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن «قالدى» كىشىلەر ئۇنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقتى. مىلادىيەدىن 16 يىل ئىلگىرى ھېرود پادىشاھ شۇ ئىبادەتخانىنى كېڭەيتىپ يەنە ئىنتايىن چوڭ، ئىنتايىن ھەيۋەتلىك قىلدى («يۇھ.» 2:13-22).

مىلادىيە 70-يىلى يەھۇدىي خەلقى رىم ئىمپېرىيەسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى بىلەن، رىم قوشۇنلىرى شۇ ئىبادەتخانىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى.

## «ئىبرانىي»

«ئىبرانىي» دېگەن سۆز بىرىنچى قېتىم «يار.» 13:14دە، ئىبراھىم توغرۇلۇق ئىشلىتىلىدۇ. «ئىبرانىي» دېگەن سۆز تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل مەنىدىن بىرىدە ياكى ھەر ئىككىسىدە بولۇشى مۇمكىن : — (ئا) ئېبەر دېگەن كىشىنىڭ ئەۋلادى (ئىبراھىم دەرۋەقە ئۇنىڭ ئەۋلادى — («يار.» 21.10) ؛ (ئە) «ئۆتكۈچى». «ئىبرانىي» دېگەننىڭ بەلكىم «ئابار» («ئۆتمەك») دېگەن پېئىل بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. ئىبراھىم قانائان زېمىنىدا تۇرۇۋاتقانلارغا نىسبەتەن «دەريادىن ئۆتكەن كىشى» — دېمەك، ئۇ «ئۇلۇغ دەريا» (ئەفرات دەرياسى)نىڭ «ئۇ تەرىپى»دىن ئۆتۈپ كەلگەن كىشى ئىدى.

كېيىن «ئىبرانىي» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىللارنىمۇ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

## «ئىسرائىل»، «ئىسرائىللار»، «يەھۇدا»، «يەھۇدىيلار»

(«ئىسرائىللار» — ئىبراھىمدىن چىققان ئىككى ئەل، يەنى ئىككى مىللەتنىڭ بىرى. يەنە بىرسى ئەرەبلەر.

خۇدا ئىبراھىمغا: «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت-بەرىكەت ئاتا قىلىنىدۇ!» دەپ ۋەدە قىلغان («يار.» 3:12). ئاندىن خۇدا بۇ ۋەدىنى ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاققا تاپشۇرغان («يار.» 21:17)، ئاندىن ئىسھاقنىڭ ئوغلى ياقۇپقا تاپشۇرغان بولۇپ، ياقۇپنىڭ ئىسمىنى «ئىسرائىل»غا ئۆزگەرتكەن («يار.» 10:28-15، 10:35). ئاچارچىلىق بولغان ۋاقتىدا ياقۇپنىڭ ئائىلىدىكىلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىشقا مىسىرغا چۈشكەن. شۇ يەردە ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلىنىڭ ھەربىرى بىر قەبىلىنىڭ ئاتىسى بولغان («يار.» 49-بابنى كۆرۈڭ). تۆت دەۋردىن كېيىن مىسىرنىڭ پىرەۋنى ئۇلارنى قۇللۇققا چۈشۈرگەن. شۇ چاغدا مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئۇلار «يېڭى تۇغۇلغان» بىر ئەل سۈپىتىدە مىسىردىن ئېلىپ چىقىلغان («مىس.» 7:3، 7:6).

كېيىن، سۇلايمان پادىشاھنىڭ بۇتپەرەسلىككە بېرىلىپ چۈشكۈنلىشىشى تۈپەيلىدىن خۇدا ئىسرائىل پادىشاھلىقىنى «شىمالىي پادىشاھلىق» (ئون قەبىلە) ۋە «جەنۇبىي پادىشاھلىق» (ئىككى قەبىلە)قا بۆلۈۋەتكەن. «شىمالىي پادىشاھلىق» بولسا «ئىسرائىل»، «جەنۇبىي پادىشاھلىق» بولسا «يەھۇدا» دەپ ئاتالغان (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 931-يىلى).

## «ئىلاھلار» دېگەن سۆز توغرۇلۇق: -

تەۋرات ھەم ئىنجىلدا ئوقۇرمەنلەر «ئىلاھلار» دېگەن ئىبارىنى ئۇچرىتىدۇ. «ئىلاھلار» دائىم دېگۈدەك بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ. نېمىشقا «ئىلاھلار» دېيىلىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ بۇتلارغا چوقۇنغانلار ئۇلارنى «ئىلاھلار» دەپ قارىغىنى بىلەن، ئۇلار پەقەت ئىنساننىڭ قولى بىلەن ياسالغان بىر نەرسە، خالاس.

ھالبۇكى، ئوقۇرمەنلەر مۇنداق بىر ئايەتنى ئوقۇپ باشقىچە بىر ئويغا كېلىشى مۇمكىن: —

«چۈنكى پەرۋەردىگار — بۈيۈك بىر ئىلاھتۇر،
پۈتكۈل ئىلاھلار ئۈستىدىكى بۈيۈك بىر پادىشاھتۇر» («زەب.» 3:95).

«پۈتكۈل ئىلاھلار»نىڭ كەينىدە بىر كۈچ بارمۇ؟ ئىمانسىزلار چوقۇنغان بۇتلاردا ھەقىقىي بىر كۈچ بارمۇ؟ تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن تېپىلغان جاۋاب شۇنداقكى، شۇنداق بىر كۈچ ھەم «يوق» ھەم «بار». بىرىنچىدىن، بارلىق بۇتلار گۇناھقا پېتىپ قالغان ئىنسانلارنىڭ (دېمەك، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ!) ئۆز تەپەككۇرىدىن چىقارغان، ئۆز قولى ياسىغان بىر نەرسە. نۇرغۇن ئىنسانلار ھەقىقىي خۇدانى تونۇشنى تاللىماي، ئۆزى خىيال قىلىپ ياسىغان بىر نەرسىگە ئىبادەت قىلىشنى تاللايدۇ («رىم.» 1:19-23). بۇ بۇتلار بىر ھەيكەل، خالاس. ھالبۇكى، ئىككىنچىدىن، مۇشۇ بۇتلارنىڭ كەينىدە جىن-شەيتانلاردىن كەلگەن بىر كۈچ بار. جىن-شەيتانلار بۇتلارغا چوقۇنغانلارنى ھەرتۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن ئالدام خالتىغا چۈشۈرۈپ، ئاسارەت-ئەسىرلىككە تۇتقۇن قىلىدىغان شۇنداق بىر كۈچ بار («گال.» 4:9، «كول.» 2:8، 20 ۋە بولۇپمۇ «كورىنتلىقلارغا (1)» 10:19-20نى كۆرۈڭ. ئاخىرقى ئايەتلەردە بۇتلارنىڭ ئىككى تەرىپى كۆرسىتىلىدۇ).

## «يات ئەللەر» («تائىپىلەر»)

تەۋرات-ئىنجىلدا «ئەللەر»، «يات ئەللەر» (ياكى «تائىپىلەر») دېگەن سۆز ئادەتتە ئىسرائىللاردىن باشقا ئەللەر ياكى شۇ ئەلدىكىلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تەۋرات دەۋرىدە (ئىنجىل دەۋرى كەلگۈچە) «يات ئەللىكلەر»نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇتلارغا چوقۇناتتى. خۇدانىڭ ئىسرائىلدا بولغان مەقسىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى شۇ ئىدىكى، ئىسرائىللارنىڭ بۇ ئەللەرگە خۇداغا ئىبادەت قىلىش جەھەتتە ئۈلگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر خۇدا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بېرىشى ئۈچۈن ئىدى.

ئىنجىلدا بەزىدە «يات ئەللىكلەر» كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىپ «جامائەتتىن سىرتتىكىلەر»، يەنى «بۇتپەرەس كاپىرلار»نى كۆرسىتىدۇ.

## «يەتتىنچى يىلى» ۋە «بوْرغا چېلىش يىلى»

«يەتتىنچى يىلى» ۋە «بوْرغا چېلىش يىلى»

مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇن بويىچە، ئىسرائىلدا ھەر يەتتىنچى يىلى زېمىن تېرىلماي ئاق قالدۇرۇلۇشى كېرەك ۋە بارلىق ئىسرائىللىق قۇللار ھۆر قىلىنىشى كېرەك ئىدى («لاۋ.» 25:1-10، «قان.» 15:1-18).

شۇنىڭدەك ھەر ئەللىكىنچى يىلى «كاناي-بوْرغا چالدىغان يىلى» («ئازادلىق يىلى»، «شادلىق يىلى») دەپ جاكارلىناتتى («لاۋ.» 25:11-55). شۇ يىلى بارلىق قەرزلەر يوق قىلىناتتى، ھەممە بارلىق يەرلەر ئىسرائىل قانائان زېمىنىنى ئىگىلىگەن چاغدىكى، يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ تەقسىماتلىرى بويىچە ئەسلىدىكى تەۋە قىلىنغان جەمەت-ئائىلىلەرگە قايتۇرۇلاتتى.

ھالبۇكى، نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ئىسرائىل بۇ ئېسىل قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلاتتى («نەھ.» 31:10نى كۆرۈڭ).

## «يەھۇدىيە»

«يەھۇدىيە» — رىم ئىمپېرىيەسى پەلەستىنىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن تەركىب تاپقان يەرنى «يەھۇدىيە ئۆلكىسى» دەپ ئېيتىدىكەن. «يەھۇدىيە» ئۆلكىسىنىڭ پەيتەختى يېرۇسالېم ئىدى.

## «يەھۇدىيلار» — «ئىسرائىل»، «ئىسرائىللار» ، «يەھۇدا»، «يەھۇدىيلار»نى كۆرۈڭ.

## «يۇقىرى جايلار»

«يۇقىرى جايلار» — تەۋراتتىكى «قانۇن شەرھى» 12:5-14دە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە، خۇدا ئىسرائىللارغا: بىرسى ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق قىلسا، پەقەت «ئۆزۈم تاللىغان جاي»دا قۇربانلىق قىلسۇن، دەپ تاپىلايدۇ. ئىسرائىلنىڭ تارىخىدا خۇدا

مۇشۇنداق قۇربانلىق قىلىدىغان بىرنەچچە جايىنى بېكىتكەنىدى (بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا جايىنى بېكىتەتتى). بىراق ئىسرائىللار بەلكىم ئۆز قولايلىقىنى كۆزلەپ (ۋە بەلكىم بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى دوراپ) پەرۋەردىگارنىڭ بۇ ئەمرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، تاغ چوققىلىرى قاتارلىق يۇقىرى جايلاردا ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلىپ قۇربانلىق قىلاتتى. مۇنداق «يۇقىرى جاي»لار ئەسلىدە بۇتپەرەسلەر مەبۇدلىرىغا چوقۇنۇشقا تاۋاپ قىلغان تاغ چوققىلىرى قاتارلىق جايلار ئىدى.

شۇڭا ئىسرائىللارنىڭ بۇنداق قىلمىشىنىڭ خەتىرى بار ئىدىكى، ئۇلار ئەتراپىدىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ «يۇقىرى جايلار»غا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يەردە ھەرخىل بۇتلارغىمۇ چوقۇنۇپ، ھەتتا بۇتپەرەسلەرگە ئەگىشىپ يىرگىنچلىككە چۈشۈپ «ئىنسان قۇربانلىق»لارنىمۇ قىلىشى مۇمكىن ۋە دەرۋەقە كۆپ ۋاقىتلاردا شۇنداق قىلاتتى («لاۋ.» 30:26 ۋە ئىزاھاتىنى، «ئەز.» 21:16، 26:20نى كۆرۈڭ).

## «يېتەكچى»

«يېتەكچىلەر» ۋە «ئاقساقاللار» دېگەن سۆزلەر ئوخشاش، جامائەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. «يېتەكچى» (گرېك تىلىدا «ئېپىسكوپ») بولسا باشقا قېرىنداشلارغا نىسبەتەن مەسئۇل ئادەمنىڭ يىراقنى كۆرەر، روھىي كۆزلىرى روشەنرەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ «ئاقساقال» بولسا مەسئۇل ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىن «چوڭ بولغان» «پىشىپ يېتىلگەن»لىكىنى تەكىتلەيدۇ.

«فىلىپپىلىقلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

## «يوقلاش» (خۇدانىڭكى) — «خۇدانىڭ يوقلىشى»نى كۆرۈڭ

## «يېڭى ئەھدە» - «كونا ئەھدە» ۋە «يېڭى ئەھدە»نى كۆرۈڭ

## تەۋرات، ئىنجىلدا ئىشلىتىلگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرى

(تەۋرات دەۋرى)
ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرى

| بىرلىك | ئۆلچەم | بىرلىك | ئۆلچەم |
|---|---|---|---|
| «تۆت ئىلىك» | 8 سانتىمېتىر | گەز | 45 سانتىمېتىر |
| غېرىچ | 22.5 سانتىمېتىر | چوڭ گەز | 53 سانتىمېتىر |
| «قومۇش هاسا» | 3.18 مېتىر | | |

گەز ــ مۇقەددەس كىتابتا ئىشلىتىلگەن «گەز» بولسا ئادەمنىڭ قولىنىڭ جەينەكتىن بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقى (تەخمىنەن 45 سانتىمېتىر) ئىدى

ئېغىرلىق بىرلىكلىرى (يەنى پۇل بىرلىكلىرى)

| بىرلىك | ئۆلچەم | بىرلىك | ئۆلچەم |
|---|---|---|---|
| مىنا (50 ياكى 60 شەكەل) | 575\684 گرام | گەراھ | 0.6 گرام |
| تالانت (60 مىنا) | 34.5 كىلوگرام | بېكا (10 «گەراھ») | 5.8 گرام |
| دارىك (پارس ئىمپېرىيەسىدە) | 8.3 گرام | شەكەل (20 «گەراھ») | 11.4 گرام |
| مۇقەددەس جايدىكى شەكەل | 11.4 گرام (بەزى ئالىملار 10 گرام دەپ قارايدۇ) | | |

«گەراھ» — 20 گەراھ بىر شەكەلگە باراۋەر ئىدى («ئەز.» 12:45).

«شەكەل» - كۈمۈشنىڭ (ياكى ئالتۇنىنىڭ) ئۆلچىمى بولۇپ (بەزى ۋاقىتلار بىرخىل تەڭگىمۇ بولۇشى مۇمكىن)، 11.4 گىرامغا باراۋەر بولۇشى مۇمكىن

«تالانت» — تەۋرات ھەم ئىنجىل دەۋرىدىمۇ بىرخىل پۇل بىرلىكى بولغان، بىر «تالانت» ئالتۇن ياكى كۈمۈش تەڭگە ئاز دېگەندە بىر ئىشچىنىڭ يىللىق ھەققىنىڭ 17 ھەسسىسى ئىدى.

«مىنا» (ياكى «مانەھ») بىرخىل كۈمۈش تەڭگە بولۇپ، 60 شەكەلگە ياكى «تالانت»تىن ئاتمىشتىن بىرىگە باراۋەر ئىدى. بىر مىنا كۈمۈشنىڭ ئېغىرلىقى بەلكىم 800 گىرامچە بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

«دارىك» (ياكى «دراخما») — پارس ئىمپېرىيەسىدىكى بىرخىل ئالتۇن تەڭگە، بىر دارىكنىڭ ئېغىرلىقى 0.4-0.5 گىرام بولۇشى مۇمكىن.

سىغىم (ھەجىم) بىرلىكلىرى

| بىرلىك | ئۆلچەم | بىرلىك | ئۆلچەم |
|---|---|---|---|
| ئەفاھ (10 ئومەر) | 22 لىتر (بەزىدە 27 ياكى 30 لىتر بولۇشى مۇمكىن) | كاب (1\18 ئەفاھ) | 1.2 لىتر |
| كور\خومىر (10 ئەفاھ) | 220 لىتر | ئومەر (0.1 ئەفاھ) | 1.2 لىتر |
| سېئاھ (1\3 ئەفاھ) | 7.3 لىتر | | |

«ئەفاھ» — قۇرۇق نەرسىلەرگە ئۆلچەم ئىدى.

«خومىر» (كور)نىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئېشەك كۆتۈرەلگۈدەك يۈك» ئىدى - تەخمىنەن 220-300 لىتر.

«كور» — بەزى يەرلەردە تەخمىنەن 300 لىترنى (10 بات)نى، بەزى يەرلەردە تەخمىنەن 390 لىترنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بەزى يەرلەردە بىز بۇ سۆزنى «كۈرە» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

(سۈيۇقلۇق) سىغىم بىرلىكلىرى

| ئۆلچەم | بىرلىك | ئۆلچەم | بىرلىك |
|---|---|---|---|
| 0.3 لىتر | لوگ (1\72 بات) | 22 لىتر (بەزىدە 27 ياكى 30 لىتر بولۇشى مۇمكىن) | بات (1 ئەفاھ) |
| 3.6 لىتر | ھىن (1\6 بات) | | |

(ئىنجىل دەۋرى)
ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرى

| ئۆلچەم | بىرلىك | ئۆلچەم | بىرلىك |
|---|---|---|---|
| 45 سانتىمېتر | گەز | 8 سانتىمېتر | «تۆت ئىلىك» |
| 1.8 مېتر | غۇلاچ | 187 مېتر | ستادىئون |
| | | 1.5 كىلومېتر (8 ستادىئون) | مىڭ قەدەم (گرېك تىلىدا «بىر مىلىيون» |

ئېغىرلىق بىرلىكلىرى

| ئۆلچەم | بىرلىك | ئۆلچەم | بىرلىك |
|---|---|---|---|
| 327 گرام | لىترا (قاداق) | 34.5 كىلوگرام | تالانت (ئالتۇن ياكى كۈمۈش) |

سىغىم (ھەجىم) بىرلىكلىرى

| بىرلىك | ئۆلچەم | بىرلىك | ئۆلچەم |
|---|---|---|---|
| بات (36 خىنىكس) | 39 لىتر | خىنىكس | 1.1 لىتر |
| كور (كۇرە) (10 بات) | 395 لىتر | سېئاھ (ساتون) (1/3 بات) | 7.3 ياكى 13 لىتر |

ئىنجىل دەۋرىدىكى «كور» — بەزى يەرلەردە تەخمىنەن 300 لىترنى (10 بات)نى، بەزى يەرلەردە تەخمىنەن 390 لىترنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بەزى يەرلەردە بىز بۇ سۆزنى «كۇرە» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

پۇل بىرلىكلىرى

| بىرلىك | ئۆلچەم | بىرلىك | ئۆلچەم |
|---|---|---|---|
| دىنار (ياكى «دىراقما») (بىر ئادەمنىڭ كۈنلۈك ھەققى) | 3.8 گرام كۈمۈش | لەپتون (0.5 كودرانس) | 3.5 گرام مىس |
| تەترادراخما (4 دىنار) ياكى «ستاتېر» | 15.2 گرام كۈمۈش | كودرانس | 7 گرام مىس |
| مىنا (100 دىنار) | 1.5 كىلوگرام | ئاسسارىيىن | 28 گرام مىس |

«دىنار» ياكى «دىنارىئۇس» - رىم ئىمپېرىيەسىدىكى بىرخىل پۇل بىرلىكى بولۇپ، ئۇستىگە قەيسەرنىڭ سۈرىتى بېسىلغانىدى. بىر «دىنار» تەخمىنەن بىر ئادەمنىڭ كۈنلۈك ھەققى بولاتتى («مات.» 2:20نى كۆرۈڭ).

«تالانت» - رەبىمىزنىڭ «تالانتلارنى ئۆلەشتۈرۈش» دېگەن تەمسىلى ئالەمشۇمۇل بولغاچقا («مات.» 25:13-30)، بەزى تىللاردا «تالانت» دېگەن سۆز دائىم دەل شۇ تەمسىلدىن چىققان كۆچمە مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

## مۇقەددەس كىتابتىكى قىسىملارنىڭ قىسقارتىلما ناملىرى

| | |
|---|---|
| Gen. | يارىتىلىش (يار.) |
| Ex. | مىسىردىن چىقىش (مىس.) |
| Lev. | كاھىن-لاۋىيلارنىڭ دەستۇرى («لاۋىيلار») (لاۋ.) |
| Numb. | «چۆل-باياۋاندىكى سەپەر («نوپۇس سانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) (چۆل.) |
| Deut. | قانۇن شەرھى (قان.) |
| Josh. | يەشۇئا پەيغەمبەر (يە.) |
| Jud. | باتۇر ھاكىملار (ھاك.) |
| Ruth | رۇت (رۇت) |
| 1Sam. | سامۇئىل (1) (1سام.) |
| 2Sam. | سامۇئىل (2) 2سام.) |
| 1Ki. | پادىشاھلار (1) (1پاد.) |
| 2Ki. | پادىشاھلار (2) (2پاد.) |
| 1Chron. | تارىخ-تەزكىرە (1) (1تار.) |
| 2Chron. | تارىخ-تەزكىرە (2) (2تار.) |
| Ezra | ئەزرا (ئەزرا) |
| Neh. | نەھەمىيا (نەھ.) |
| Es. | ئەستەر (ئەست.) |
| Job | ئايۇپ (ئايۇپ) |
| Ps. | زەبۇر (زەب.) |
| Prov. | پەند-نەسىھەتلەر (پەند.) |
| Eccl. | ھېكمەت توپلىغۇچى (توپ.) |
| Song | كۈيلەرنىڭ كۈيى (كۈي) |
| Is. | يەشايا (يەش.) |
| Jer. | يەرەمىيا (يەر.) |
| Lam. | يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ يىغا-زارلىرى («يىغا-زارلار») (يىغ.) |

| | |
|---|---|
| Ez. | ئەزاكىيال (ئەز.) |
| Dan. | دانىيال (دان.) |
| Hos. | هوشىيا (هوش.) |
| Joel | يوئېل (يو.) |
| Am. | ئاموس (ئام.) |
| Ob. | ئوبادىيا (ئوب.) |
| Jon. | يۇنۇس (يۇن.) |
| Mic. | مىكاھ (مىك.) |
| Nah. | ناھۇم (ناھ.) |
| Hab. | هاباككۇك (هاب.) |
| Zeph. | زەفانىيا (زەف.) |
| Hag. | هاگاي (هاگ.) |
| Zech. | زەكەرىيا (زەك.) |
| Mal. | مالاكى (مال.) |

## ئىنجىل

| | |
|---|---|
| Matt. | ماتتا (مات.) |
| Mark | ماركۇس (مار.) |
| Luke | لۇقا (لۇقا) |
| John | يۇهاننا (يۇه.) |
| Acts | روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى (روس.) |
| Rom. | رىملىقلارغا (رىم.) |
| 1Cor. | كورىنتلىقلارغا (1) (1كور.) |
| 2Cor. | كورىنتلىقلارغا (2) (2كور .) |
| Gal. | گالاتىيالىقلارغا (گال.) |
| Eph. | ئەفەسۇسلۇقلارغا (ئەف.) |
| Phil. | فىلىپپىلىقلارغا (فلم.) |

| | |
|---|---|
| Col. | كولوسسىلىكلەرگە (كول.) |
| 1Thess. | تېسالونىكالىقلارغا (1) (1تېس.) |
| 2Thess. | تېسالونىكالىقلارغا (2) (2تېس.) |
| 1Tim. | تىموتىيغا (1) (1تىم.) |
| 2Tim. | تىموتىيغا (2) (2تىم.) |
| Tit. | تىتۇس (تىت.) |
| Phile. | فىلىمون (فىلې.) |
| Heb. | ئىبرانىيلارغا (ئىبر.) |
| Jam. | ياقۇپ (ياق.) |
| 1Pet. | پېترۇس (1) (1پېت.) |
| 2Pet. | پېترۇس (2) (2پېت.) |
| 1John | يۇھاننا (1) (1يۇھ.) |
| 2John | يۇھاننا (2) (2يۇھ.) |
| 3John | يۇھاننا (3) (3يۇھ.) |
| Jude | يەھۇدا (يەھ.) |
| Rev. | ۋەھىي (ۋەھ.) |

## تەۋرات كالېندارى؛ ئايلار ۋە ھېيتلار جەدۋىلى

| تەۋرات قانۇنىدىكى كالېندار ئاي | بابىلدىكى كالېندار ئاي | ئاي نامى | ھېيت-بايراملار | ھازىرقى زاماندىكى كالېندار بويىچە |
|---|---|---|---|---|
| 1 | 7 | ئابىب، نىسان | «ئۈزۈپ كېتىش ھېيتى» (14-كۈنى) «دەسلەپكى ھوسۇل ھېيتى» (ئادەتتە 16-كۈنى) «پېتىر نان ھېيتى» (15-21-كۈنى) | مارت-ئاپرېل |
| 2 | 8 | زىۋ، ئىييار | | ئاپرېل-ماي |
| 3 | 9 | سىۋان | «ھەپتىلەر ھېيتى» (بەزىدە «ئورما ھېيتى»، «دەسلەپكى ئورما ھېيتى» دېيىلىدۇ) | ماي-ئىيۇن |
| 4 | 10 | تاممۇز | | ئىيۇن-ئىيۇل |
| 5 | 11 | ئاۋ | | ئىيۇل-ئاۋغۇست |
| 6 | 12 | ئېلۇل | | ئاۋغۇست-سىنتەبىر |
| 7 | 1 | ئېتانىم، تىشرى | «كاناي چېلىش ھېيتى» (1-كۈنى) «كافارەت كۈنى» (10-كۈنى) «كەپىلەر ھېيتى» (15-22-كۈنى) | سىنتەبىر-ئۆكتەبىر |
| 8 | 2 | بۇل، ماركەسۋان | | ئۆكتەبىر-نويابىر |
| 9 | 3 | كىسلەۋ | | نويابىر-دېكابىر |
| 10 | 4 | تەۋەت | «ھانۇككاھ» («ئىبادەتخانىنى بېغىشلاش» ھېيتى) | دېكابىر-يانۋار |
| 11 | 5 | شېۋات | | يانۋار-فېۋرال |
| 12 | 6 | ئادار | «پۇرىم بايرىمى» (14-25-كۈنى) | فېۋرال-مارت |

# مۇقەددەس كىتابنىڭ
# (ئاددىيلاشتۇرۇلغان) تارىخىي جەدۋىلى

## ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى

| | |
|---|---|
| «تارىختىن ئاۋۋالقى» مەزگىل | خۇدا ئاسمان-زېمىننى يارىتىدۇ<br>ئادەمئاتا، ھاۋائانىمىز ئېرەم باغچىسىدا<br>گۇناھنىڭ دۇنياغا كىرىشى<br>ھابىل ۋە كابىل (كايىن)<br>نۇھ پەيغەمبەر ۋە دۇنياۋى توپان<br>بابىل مۇنارى<br>— ئىنسان تىلىنىڭ پارچىلىنىشى |

---

| | |
|---|---|
| (مىلادىيەدىن ئىلگىرى) | ئىسرائىل (ياقۇپ)نىڭ ئەجدادلىرى |
| پەيغەمبەرلەر ۋە مۇھىم ئەربابلار<br>2000-يىلى | |
| ئىبراھىم | ئىبراھىمنىڭ پەلەستىنگە كىرىشى<br>(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1900-يىل) |
| ئىسھاق | ئىبراھىم بىلەن ئىسھاق |
| ياقۇپ | ئىسھاق بىلەن ياقۇپ<br>مىلادىيەدىن 1800چە يىل ئىلگىرى<br>ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلى |
| يۇسۇپ | ئۇلار ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ ئەجدادى بولىدۇ. |
| يەھۇدا | ئۇلاردىن ئەڭ داڭقى چىققان يۇسۇپ، مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى بولىدۇ.<br>يەنە «يەھۇدا»مۇ بار. |

---

ئىسرائىللار مىسىردا

ئايۇپ##

(ئېدوم زېمىنىدا)

ياقۇپ (ئىسرائىل)نىڭ ئەجدادلىرى مىسىردا قۇللۇقتا قالدۇ.

(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1780-1450 يىلغىچە)

مۇسا پەيغەمبەر ئىسرائىللارنى مىسىردىن چىقىرىپ قۇتقۇزىدۇ (1450-يىلى )

مۇسا

مۇسا سىنا تېغىدا خۇدادىن «ئون پەرمان»نى،

يەشۇئا كېيىن تەۋراتنىڭ ئالدىنقى بەش قىسمىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىسرائىللار 40 يىل چۆل-باياۋاندا تېنەپ يۈرىدۇ.

قانائان (پەلەستىن) زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ ئولتۇراقلىشىش

(يەشۇئا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكلىشىدە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1410-يىلى باشلىنىدۇ)

كۆپ قەبىلىلىك ئىتتىپاق

ھەر دەۋردە بىر-ئىككى «ھاكىم» باشقۇرىدۇ

ساموئىل ساموئىل پەيغەمبەر

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000-يىلى

ئىسرائىل «بىرلەشمە» پادىشاھلىقى

داۋۇت سائۇل پادىشاھ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1050-1010 يىل)

داۋۇت پادىشاھ (يەنى داۋۇت پەيغەمبەر) (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1010-970 يىل)

950-يىلى

سۇلايمان سۇلايمان پادىشاھ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 970-931 يىل)

ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ

| | شىمالىي قىسمى (ئىسرائىل) پادىشاھ | جەنۇبىي قىسمى (يەھۇدا) پادىشاھ |
|---|---|---|
| | (ھەممە يىل مىلادىيەدىن ئىلگىركى) | |
| | يەروبوئام (I) | رەھوبوئام |
| | 910-931 | 913-931 |
| | نادان | ئابىيام |
| | 909-910 | 911-913 |
| | باﺋاشا | ئاسا |
| 900-يىلى | 886-909 | 869-911 |
| | ئېلاھ | │ |
| | 885-886 | │ |
| | زىمرى | │ |
| | 885 | │ |
| | تىبنى | │ |
| | 880-885 | |
| | (ئىككى پادىشاھ تىركىشىپ تۇرغان) | |
| ئېلىياس ئۆمرى | | يەھوشافات |
| │ | 874-885 | 869-872 ** |
| │ | ئاھاب | 848-872 (تولۇق سەلتەنەت ۋاقتى) |
| │ | 853-874 | │ |
| │ | ئاھازىيا | │ |
| │ | 852-853 | │ |
| 850-يىلى | يورام | يەھورام |
| │ | 841-852 | 841-848 |
| ئېلىشا | يەھۇ | ئاھازىيا |
| | 814-841 | 841 |
| | | ئاتالىيا ئايال پادىشاھ |

| | | |
|---|---|---|
| ئوباديا ## | | 835-841 |
| يوئېل## | يەھوئاھاز | يوئاش (يەھوئاش) |
| 800-يىلى | 798-814 | 796-835 |
| | يەھوئاش | ئامازىيا |
| | 782-798 | 767-796 |
| يۇنۇس## | يەروبوئام (II) | |
| | ** 782-793 | |
| ئاموس## | 753-793 (تولۇق سەلتەنەت ۋاقتى) | |
| يەشايا | زەكەريا | ئازارىيا (ئۇززىيا) |
| | 753 | ** 767-792 |
| 750-يىلى | شاللۇم | 740-792 (تولۇق سەلتەنەت ۋاقتى) |
| | 752 │ | |
| ھوشېيا | مەناھەم │ | |
| مىكاھ | 742-752 │ | |
| | پەكاھىيا │ | |
| | 740-742 │ | |
| | پەكاھ (بىر مەزگىل | يوتام |
| | ئىككى پادىشاھ بولغان) | ** 740-750 |
| | 742-752 | 735-750 (تولۇق سەلتەنەت ۋاقتى) |
| | 732-752 (جەمئى) | ئاھاز |
| | ھوشېيا | 715-735 |
| | 722-732 | ھەزەكىيا |
| 700-يىلى | 722 ئاسۇرىيە ئىمپېرىيەسى | 686-715 |
| | ئىسرائىلنى بېسىۋالدى ۋە ئىسرائىللارنى | ماناسسەھ |
| | ئاسۇرىيەگە ئېلىپ كېتىدۇ | ** 686-697 |
| | | 642-697 (تولۇق سەلتەنەت ۋاقتى) |
| 650-يىلى | | ئامون |
| ناھۇم | | 640-642 |

يەرەمىيا يوسىيا

زەفانىيا 609-640

هاباككۇك يەھوئاھاز

609

يەھوئاكىم

600-يىلى 598-609

ئەزاكىيال يەھوئاقىن

دانىيال 597-598

زەدەكىيا

586-597

ئىزاھاتلار:

(1) يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى «**» دېگەن بەلگە پادىشاھنىڭ ئاتىسى بىلەن تەڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ

(2) سۇلايمان پادىشاھ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى كۆرسىتىلگەن يىللار تەخمىنىي يىللاردۇر.

(3) مەلۇم بىر پەيغەمبەرنىڭ ياشىغان ۋەقتىنى ئانچە جەزملەشتۈرەلمىگەن ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «##» بۇ بەلگىنى قويۇلدى. (بەلگە دەۋرگە قارىتا پەرەزنى كۆرسىتىدۇ)

يەھۇدانىڭ سۈرگۈن بولۇشى باشلىنىدۇ

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى يېرۇسالېم بىتچىت قىلىنىدۇ. بابىل ئىمپېرىياتورى نېبوقادنەسار يەھۇدىيلارنى بابىلغا ئېلىپ كېتىدۇ.

سۈرگۈن بولغان ئومۇمىي مەزگىل 70 يىل

## قايتىش (539-يىلى)

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 539-يىلى پارس ئىمپېرىيەسى ئۈستۈنلۈككە چىقىدۇ.

قورەش پادىشاھ ئەمر چۈشۈرۈپ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى ۋەتىنىگە قايتىشقا رۇخسەت بېرىدۇ.

هاگاي مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 520-يىلى — مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى

زەكەرىيا

500-يىلى
ئەستەر
ئەزرا	مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 445-444-يىلى يېرۇسالېم شەھەرىنىڭ
نەھەمىيا	قايتىدىن قۇرۇلۇشى (نەھەمىيا تەرىپىدىن)

مالاكى	مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 404-يىلى تەۋراتنىڭ ئاخىرقى قىسمى، يەنى «مالاكى» دېگەن قىسىم يېزىلغان
400-يىلى
مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 333-يىلى «بۈيۈك ئىسكەندەر» گرېك ئىمپېرىيەسىنى بەرپا قىلىپ، پارس ئىمپېرىيەسىنى ۋەيران قىلىدۇ.
300-يىلى	ئۇ ئىسرائىل زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلمىغان.
ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى تۆت تەرەپكە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئىسرائىلىيەگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلىدۇ. يەھۇدىيلار ئېغىر ئازاب تارتىدۇ.
يەھۇدا ماكابى باتۇرلۇق بىلەن يەھۇدىيلارغا باشچىلىق قىلىپ يېڭى يەھۇدىي پادىشاھلىقىنى بەرپا قىلىدۇ.
(پادىشاھلىق مەزگىل مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 166-63-يىلغىچە)
100-يىلى	مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى63-يىلى رىم ئىمپېرىيەسى گرېك ئىمپېرىيەسىدىن ئۈستۈن كېلىپ ئىسرائىلىنىمۇ ئىشغال قىلىدۇ.
ھىرود ئىسىملىك بىر ئېدوملۇق قەيسەرگە نۇرغۇن پۇل بېرىپ، «ئىسرائىل پادىشاھى»نىڭ ئورنىنى ئۆزى ئالىدۇ.
كېيىن ئۇ كىشى «بۈيۈك ھىرود» دەپ ئاتىلىدۇ
(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 37-يىلى).
مىلادىيە - - - - - - - - ئىنجىل دەۋرى - - - - - - - - باشلىنىدۇ
ئاننا	مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1-يىلى (ئەتراپىدا) مەسىھ ئەيسا بەيتلەھەم شەھرىدە مەريەمدىن تۇغۇلۇپ دۇنياغا كېلىدۇ.
ئۇ ناسارەت شەھرىدە چوڭ بولۇپ ياغاچچىلىق قىلىدۇ.
يەھيا	مىلادىيە 28-يىلى يەھيا «چۆمۈلدۈرگۈچى پەيغەمبەر»: — «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ» كېلىدۇ، دەپ جاكارلاشقا باشلايدۇ.

ملادیه 29-یلی مەسه ئەیسا یەهیا تەرپیدن چۆمۇلدۇرۇلۇپ تەلم بېرشکه باشلایدۇ.

30-یلی (بەلکم) ملادیه 33-یلی) مەسه ئەیسا 33 یاشقا کرگەندە یەهۇدیلار

مەسه تەرپیدن چەتکه قېقلپ کرېستکه مخلنندۇ.

ئەیسا مەسه ئەیسانڭ ترلشی، ئاسمانغا کۆتۈرۈلۈشی

## مۇقەددەس روهنڭ بېرلشی

روسۇللار مەسه ئەیسا ئاسمانغا کۆتۈرۈلۈپ خۇدانڭ مۇقەددەس روهنی بارلق مۇخلسلرغا ئەۋەتدۇ.

پېترۇس

یۇهاننا

پاۋلۇس ((بەلکم) ملادیه 33-یلی) سائۇل ئسملك بر کشی مەسه

یاقۇپ ئەیسانڭ مۇخلس جامائتگه ئەشەددي زیانکەشلك قلغاندا

یەهۇدا مەسه ئەیسا ئۇنڭغا کۆرۈندۇ. ئۇ توۋا قلپ «روسۇل پاۋلۇس» بولدۇ.

(قاتارلقلار) کېین ئۇ ئەیسانڭ باشقا روسۇللری هەم مۇخلسلری بلەن هەر یەرگه بېرپ مەسه ئەیسانڭ خۇش خەۋرنی (ئنجلنی) تارقتدۇ.

ئۇ باشقا روسۇللار بلەن «ئنجل»نڭ هەربر قسمنی یازدۇ

70-یلی (ملادیه 70-یلی) مەسه ئەیسا بېشارەت قلغاندەك یېرۇسالېم شەهری مۇقەددەس ئبادەتخانسی بلەن پۈتۈنلەي ۋەیران قلنندۇ.

یەهۇدیلارنڭ هەممسی دۇنیانڭ بۇلۇڭ-پشقاقلرغچه تارقلدۇ.

(ملادیه 96-یلی) مەسه ئەیسانڭ سادق مۇخلسی روسۇل یۇهاننا مەسهتن ئنجلنڭ «ئاخرقی زامانلاردکی ۋەقەلەرنی بېشارەت بېردغان «ۋەهه» دېگەن ئەڭ ئاخرقی قسمنی قوبۇل قلدۇ

100-یلی

---



# ئىنجىل تېكىستلىرى

ئەستايىدىل ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان

**تەۋرات-ئىنجىلدىكى بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئايەتلەر**

بايدىلىق بىر تىزىملىك

## ماتتا

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 1:1 | لۇقا 31ـ32:1 |
| مات. | 2:1 | يار. 2:21؛ 26،35:25. |
| مات. | 3:1 | يار. 27:38، 29؛ رۇت 4:18، 19؛ 1تار. 2:5، 9. |
| **مات.** | 6:1 | **رۇت** 4:22؛ 1**سام.** 16:1؛ 17:12؛ 1**تار.** 2:15؛ 12:18. |
| مات. | 7:1 | 1پاد. 11:43؛ 1تار. 3:10. |
| مات. | 11:1 | 1تار. 3:16. |
| مات. | 12:1 | 1تار. 3:17؛ ئەزرا 3:2. |
| مات. | 18:1 | لۇقا 1:27،34. |
| مات. | 21:1 | لۇقا 1:31؛ روس. 4:12. |
| مات. | 25:1 | لۇقا 2:21. |
| مات. | 1:2 | لۇقا 2:4. |
| مات. | 6:2 | مىك. 5:1، 2؛ 1سام. 16:1؛ يۇھ. 7:42. |
| مات. | 15:2 | ھوش. 11:1. |
| مات. | 18:2 | يەر. 31:15 |
| مات. | 23:2 | يەش. 11:1؛ 60:21؛ زەك. 6:12. |
| مات. | 1:3 | مار. 1:4؛ لۇقا 3:3. |

مات. 3:3 يەش. 3:40؛ مار. 3:1؛ لۇقا 4:3؛ يـۇھ. 23:1.

مات. 4:3 مار. 6:1.

مات. 6:3 مار. 5:1.

مات. 7:3 مات. 34:12؛ 33:23؛ لۇقا 7:3.

مات. 8:3 لۇقا 8:3.

مات. 9:3 يـۇھ. 39:8.

مات. 10:3 مات. 19:7؛ يـۇھ. 6:15.

مات. 11:3 مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 15،26:1؛
روس. 5:1؛ 16:11؛ 4:19.

مات. 13:3 مار. 9:1؛ لۇقا 21:3.

مات. 16:3 يەش. 2:11؛ 1:42؛ يـۇھ. 32:1.

مات. 17:3 يەش. 1:42؛ مات. 18:12؛ 5:17؛ مار. 11:1؛
لۇقا 35:9؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1.

مات. 1:4 مار. 12:1؛ لۇقا 1:4.

مات. 4:4 قان. 3:8

مات. 6:4 زەب. 11،12:91

مات. 7:4 قان. 16:6.

مات. 10:4 قان. 13:6؛ 20:10.

مات. 12:4 مار. 14:1؛ لۇقا 14،16،31:4؛ يـۇھ. 43:4.

مات. 15:4 يەش. 23:8؛ 1:9.

مات. 16:4 يەش. 1:9، 2.

مات. 17:4 مار. 15:1.

مات. 18:4 مار. 16:1.

مات. 3:5 يەش. 15:57؛ 2:66؛ لۇقا 20:6.

مات. 4:5 يەش. 2:61؛ 10،13:66؛ لۇقا 21:6.

مات. 5:5 زەب. 11:37

مات. 6:5 يەش. 1:55.

مات. 8:5 زەب. 2:15ـ1؛ 4:24؛ ئىبر. 14:12.

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 10:5 | 2كور. 10:4؛ 2تىم. 12:2؛ 1پېت. 14:3. |
| مات. | 11:5 | 1پېت. 14:4. |
| مات. | 12:5 | لۇقا 23:6. |
| مات. | 13:5 | مار. 50:9؛ لۇقا 34:14. |
| مات. | 15:5 | مار. 21:4؛ لۇقا 16:8؛ 33:11. |
| مات. | 16:5 | 1پېت. 12:2. |
| مات. | 18:5 | لۇقا 17:16. |
| مات. | 19:5 | ياق. 10:2. |
| مات. | 21:5 | مىس. 13:20؛ قان. 17:5. |
| مات. | 25:5 | لۇقا 58:12؛ ئەف. 26:4. |
| مات. | 27:5 | مىس. 14:20؛ قان. 18:5. |
| مات. | 28:5 | ئايۇپ 1:31؛ زەب. 37:119. |
| مات. | 29:5 | مات. 8:18؛ مار. 43:9. |
| مات. | 31:5 | چۆل. 2:30؛ قان. 22:23-20؛ 1:24. |
| مات. | 32:5 | مات. 7:19؛ مار. 11:10،4؛ لۇقا 18:16؛ 1كور. 10:7. |
| مات. | 33:5 | مىس. 7:20؛ لاۋ. 12:19؛ قان. 11:5؛ 22:23 |
| مات. | 34:5 | يەش. 1:66؛ ياق. 12:5. |
| مات. | 35:5 | زەب. 2:48؛ يەش. 1:66. |
| مات. | 38:5 | مىس. 24:21؛ لاۋ. 20:24؛ قان. 21:19. |
| مات. | 39:5 | پەند. 29:24؛ لۇقا 29:6؛ رىم. 17:12؛ 1كور. 7:6؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 9:3. |
| مات. | 42:5 | قان. 8:15؛ لۇقا 35:6. |
| مات. | 43:5 | لاۋ. 18:19. |
| مات. | 44:5 | لۇقا 27:6؛ 34:23؛ روس. 60:7؛ رىم. 20:12؛ 1كور. 13:4؛ 1پېت. 23:2. |
| مات. | 46:5 | لۇقا 32:6. |
| مات. | 48:5 | يار. 1:17 |
| مات. | 2:6 | رىم. 8:12. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 4:6 | لۇقا 14:14. |
| مات. | 6:6 | 2پاد. 33:4؛ روس. 4:10. |
| مات. | 7:6 | 1پاد. 28:18؛ يەش. 15:1. |
| مات. | 9:6 | لۇقا 2:11. |
| مات. | 13:6 | مات. 19:13. |
| مات. | 14:6 | مار. 25:11؛ كول. 13:3. |
| مات. | 15:6 | مات. 35:18؛ ياق. 13:2. |
| مات. | 16:6 | يەش. 3:58؛ مات. 14:9؛ مار. 18:2؛ لۇقا 33:5. |
| مات. | 19:6 | پەند. 4:23؛ ئىبر. 5:13؛ ياق. 1:5. |
| مات. | 20:6 | لۇقا 33:12؛ 1تىم. 19:6. |
| مات. | 22:6 | لۇقا 34:11. |
| مات. | 24:6 | لۇقا 13:16. |
| مات. | 25:6 | زەب. 5:37؛ 22:55؛ لۇقا 22:12؛ فىل. 6:4؛ 1تىم. 8:6؛ 1پېت. 7:5. |
| مات. | 26:6 | ئايۇپ 41:38؛ زەب. 9:147 |
| مات. | 33:6 | 1پاد. 13:3؛ زەب. 25:37؛ 22:55 |
| مات. | 1:7 | لۇقا 37:6؛ رىم. 1:2؛ 1كور. 3:4، 5. |
| مات. | 2:7 | مار. 24:4؛ لۇقا 38:6. |
| مات. | 3:7 | لۇقا 41:6، 42. |
| مات. | 5:7 | پەند. 17:18. |
| مات. | 6:7 | پەند. 8:9؛ 9:23. |
| مات. | 7:7 | مات. 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1، 6؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5. |
| مات. | 8:7 | پەند. 17:8؛ يەر. 12:29. |
| مات. | 11:7 | يار. 5:6؛ 21:8. |
| مات. | 12:7 | لۇقا 31:6. |
| مات. | 13:7 | لۇقا 24:13. |
| مات. | 14:7 | روس. 22:14. |

مات. 15:7 قان. 4:13؛ يەر. 16:23؛ مات. 4:24؛ رىم. 17:16؛ ئەف. 6:5؛ كول. 8:2؛ 1يۇھ. 1:4.

مات. 17:7 مات. 10:3؛ 33:12؛ مار. 13:11؛ لۇقا 8:8.

مات. 21:7 مات. 11:25؛ لۇقا 46:6؛ 25:13؛ روس. 13:19؛ رىم. 13:2؛ ياق. 22:1.

مات. 22:7 يەر. 14:14؛ 15:27؛ لۇقا 26:13.

مات. 23:7 زەب. 8:6؛ مات. 12،41:25؛ لۇقا 25،27:13.

مات. 24:7 يەر. 8:17؛ لۇقا 47:6؛ رىم. 13:2؛ ياق. 25:1.

مات. 26:7 ئەز. 11:13؛ رىم. 13:2؛ ياق. 23:1.

مات. 29:7 مار. 22:1؛ 2:6؛ لۇقا 32:4.

مات. 2:8 مار. 40:1؛ لۇقا 12:5.

مات. 4:8 لاۋ. 2:13؛ 2:14؛ لۇقا 14:5.

مات. 5:8 لۇقا 1:7.

مات. 8:8 زەب. 20:107.

مات. 11:8 لۇقا 29:13.

مات. 12:8 مات. 42:13؛ 43:21؛ 13:22؛ 51:24؛ لۇقا 28:13.

مات. 14:8 مار. 29:1؛ لۇقا 38:4.

مات. 17:8 يەش. 4:53؛ 1پېت. 24:2.

مات. 19:8 لۇقا 57:9.

مات. 22:8 1تىم. 6:5.

مات. 23:8 مار. 35:4؛ لۇقا 22:8.

مات. 26:8 ئايۇپ 12:26؛ زەب. 29:107؛ يەش. 10:51.

مات. 28:8 مار. 1:5؛ لۇقا 26:8.

مات. 1:9 مار. 3:2؛ لۇقا 18:5؛ روس. 33:9.

مات. 3:9 زەب. 5:32؛ يەش. 25:43.

مات. 9:9 مار. 14:2؛ لۇقا 27:5.

مات. 13:9 هوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 7:12؛ مار. 17:2؛ لۇقا 32:5؛ 10:19؛ 1تىم. 15:1.

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 14:9 | مار. 18:2؛ لۇقا 33:5. |
| مات. | 15:9 | 2كور. 2:11. |
| مات. | 17:9 | مار. 22:2. |
| مات. | 18:9 | مار. 22:5؛ لۇقا 41:8. |
| مات. | 20:9 | لاۋ. 25:15؛ مار. 25:5؛ لۇقا 43:8. |
| مات. | 22:9 | مار. 38:5؛ لۇقا 51:8. |
| مات. | 23:9 | مار. 38:5؛ لۇقا 51:8. |
| مات. | 24:9 | يـۇھ. 11:11. |
| مات. | 30:9 | مات. 16:12؛ لۇقا 14:5. |
| مات. | 31:9 | مار. 36:7. |
| مات. | 32:9 | مات. 22:12؛ لۇقا 14:11. |
| مات. | 34:9 | مات. 24:12؛ مار. 22:3؛ لۇقا 15:11. |
| مات. | 35:9 | مار. 6:6؛ لۇقا 22:13. |
| مات. | 36:9 | يەر. 1:23؛ ئەز. 2:34؛ مار. 34:6. |
| مات. | 37:9 | لۇقا 2:10؛ يـۇھ. 35:4. |
| مات. | 38:9 | 2تېـس. 1:3. |
| مات. | 1:10 | مار. 13:3؛ لۇقا 13:6؛ 1:9. |
| مات. | 6:10 | روس. 26:3؛ 46:13،26. |
| مات. | 7:10 | لۇقا 2:9. |
| مات. | 8:10 | لۇقا 9:10؛ روس. 20:8،18. |
| مات. | 9:10 | مار. 8:6؛ لۇقا 3:9؛ 35:22. |
| مات. | 10:10 | لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ لۇقا 7:10؛ 1كور. 14:9،4؛ 1تىم. 18:5. |
| مات. | 11:10 | مار. 10:6؛ لۇقا 4:9؛ 8:10. |
| مات. | 14:10 | مار. 11:6؛ لۇقا 5:9؛ روس. 51:13؛ 6:18. |
| مات. | 15:10 | مار. 11:6؛ لۇقا 12:10. |
| مات. | 16:10 | لۇقا 3:10. |
| مات. | 17:10 | مات. 9:24؛ لۇقا 12:21؛ يـۇھ. 20:15؛ 2:16؛ ۋەھ. 1:2. |

مات. 18:10 روس. 1:24؛ 4:25.
مات. 19:10 مار. 11:13؛ لۇقا 11:12؛ 14:21.
مات. 21:10 مىك. 2:7، 5؛ لۇقا 16:21.
مات. 22:10 مات. 13:24؛ مار. 13:13؛ لۇقا 19:21؛ ۋەھ. 10:2؛ 10:3.
مات. 23:10 مات. 13:2؛ 12:4؛ 15:12؛ روس. 1:8؛ 25:9؛ 6:14.
مات. 24:10 لۇقا 40:6؛ يـۇھ. 16:13؛ 20:15.
مات. 25:10 مات. 34:9؛ 24:12؛ مار. 22:3؛ لۇقا 15:11؛ يـۇھ. 48:8.
مات. 26:10 ئايۇپ 22:12؛ يەش. 12:8؛ يەر. 8:1؛ مار. 22:4؛ لۇقا 17:8؛ 2:12.
مات. 28:10 يەر. 8:1؛ لۇقا 4:12.
مات. 30:10 1سام. 45:14.
مات. 32:10 مار. 38:8؛ لۇقا 26:9؛ 8:12؛ 2تىم. 12:2.
مات. 34:10 لۇقا 51:12.
مات. 35:10 مىك. 6:7.
مات. 36:10 زەب. 9:41؛ 14:55ـ12؛ يـۇھ. 18:13.
مات. 37:10 لۇقا 26:14.
مات. 38:10 مات. 24:16؛ مار. 34:8؛ لۇقا 23:9؛ 27:14.
مات. 39:10 مات. 25:16؛ مار. 35:8؛ لۇقا 24:9؛ 33:17؛ يـۇھ. 25:12.
مات. 40:10 لۇقا 16:10؛ يـۇھ. 20:13.
مات. 41:10 1پاد. 10:17؛ 4:18؛ 2پاد. 8:4.
مات. 42:10 مات. 40:25؛ مار. 41:9؛ ئىبر. 10:6.
مات. 2:11 لۇقا 18:7.
مات. 5:11 يەش. 18:29؛ 5:35؛ 1:61؛ لۇقا 18:4.
مات. 7:11 لۇقا 24:7.
مات. 10:11 مىس. 20:23؛ مال. 1:3؛ مار. 2:1؛ لۇقا 27:7.
مات. 12:11 لۇقا 16:16.
مات. 14:11 مال. 23:3؛ لۇقا 17:1.
مات. 16:11 لۇقا 31:7.

مات. 18:11 مات. 4:3؛ مار. 6:1.

مات. 20:11 لۇقا 13:10.

مات. 21:11 2سام. 19:13؛ 2پاد. 30:6؛ 1:19.

مات. 22:11 مات. 15:10.

مات. 24:11 مات. 15:10.

مات. 25:11 ئايۇپ 12:5؛ يەش. 14:29؛ لۇقا 21:10؛
1كور. 19:1؛ 7:2، 8.

مات. 27:11 مات. 18:28؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 18:1؛ 35:3؛ 46:6.

مات. 29:11 زەب. 4:45؛ يەر. 16:6؛ زەك. 9:9

مات. 30:11 1يۇھ. 3:5.

مات. 1:12 قان. 24:23؛ مار. 23:2؛ لۇقا 1:6.

مات. 2:12 مىس. 10:20.

مات. 4:12 مىس. 33:29؛ لاۋ. 9:24؛ 1سام. 6:21.

مات. 5:12 چۆل. 9:28.

مات. 6:12 2تار. 18:6.

مات. 7:12 هوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 13:9؛ 23:23.

مات. 8:12 مار. 28:2؛ لۇقا 5:6.

مات. 9:12 مار. 1:3؛ لۇقا 6:6.

مات. 10:12 لۇقا 3:14.

مات. 11:12 مىس. 4:23؛ قان. 4:22.

مات. 12:12 يار. 27:1.

مات. 14:12 مار. 6:3؛ يـۇھ. 18:5؛ 39:10؛ 53:11.

مات. 15:12 مات. 23:10.

مات. 16:12 مات. 30:9؛ لۇقا 14:5.

مات. 18:12 يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛
كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1.

مات. 21:12 يەش. 4:42-1.

مات. 22:12 مات. 32:9؛ لۇقا 14:11.

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 23:12 | يـﯘھ. 29:4. |
| مات. | 24:12 | مات. 34:9؛ مار. 22:3؛ لۇقا 15:11. |
| مات. | 31:12 | مار. 28:3؛ لۇقا 10:12؛ 1يۇھ. 16:5. |
| مات. | 32:12 | چۆل. 30:15؛ 1سام. 25:2؛ 1يۇھ. 16:5. |
| مات. | 33:12 | مات. 18:7. |
| مات. | 34:12 | زەب. 10:40ـ9؛ مات. 7:3؛ لۇقا 45:6. |
| مات. | 36:12 | توپ. 14:12؛ ئەف. 4:5. |
| مات. | 37:12 | 2سام. 16:1؛ لۇقا 22:19. |
| مات. | 38:12 | مات. 1:16؛ مار. 11:8؛ لۇقا 29:11؛ 1كور. 22:1. |
| مات. | 40:12 | يۈن. 1،11:2 |
| مات. | 41:12 | يۈن. 5:3؛ لۇقا 32:11. |
| مات. | 42:12 | 1پاد. 1:10؛ 2تار. 1:9؛ لۇقا 31:11. |
| مات. | 43:12 | لۇقا 24:11. |
| مات. | 45:12 | ئىبر. 4:6، 5؛ 26:10؛ 2پېت. 20:2. |
| مات. | 46:12 | مار. 31:3؛ لۇقا 20:8. |
| مات. | 50:12 | يـﯘھ. 14:15؛ 2كور. 16:5؛ گال. 6:5؛ 15:6؛ كول. 11:3. |
| مات. | 1:13 | مار. 1:4؛ لۇقا 4:8، 5. |
| مات. | 2:13 | لۇقا 3:5. |
| مات. | 10:13 | مار. 10:4؛ لۇقا 9:8. |
| مات. | 11:13 | مات. 25:11؛ 2كور. 14:3. |
| مات. | 12:13 | مات. 29:25؛ مار. 24،25:4؛ لۇقا 18:8؛ 26:19. |
| مات. | 14:13 | يەش. 10:6ـ9؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ يـﯘھ. 40:12؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11. |
| مات. | 15:13 | يەش. 10:6ـ9 |
| مات. | 16:13 | لۇقا 23:10؛ يـﯘھ. 29:20؛ 1پېت. 8:1. |
| مات. | 17:13 | 1پېت. 10:1. |
| مات. | 18:13 | مار. 13:4؛ لۇقا 11:8. |
| مات. | 19:13 | مات. 23:4. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 22:13 | مات. 23:19؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18؛ 1تىم. 9:6. |
| مات. | 30:13 | مات. 12:3. |
| مات. | 31:13 | مار. 30:4؛ لۇقا 18:13. |
| مات. | 33:13 | لۇقا 21:13،20. |
| مات. | 34:13 | مار. 33:4. |
| مات. | 35:13 | زەب. 2:78 |
| مات. | 39:13 | يو. 13:3؛ ۋەھ. 15:14. |
| مات. | 42:13 | مات. 12:8؛ 13:22؛ 51:24؛ 30:25؛ لۇقا 28:13. |
| مات. | 43:13 | دان. 3:12؛ 1كور. 42:15. |
| مات. | 44:13 | فىل. 7:3. |
| مات. | 50:13 | مات. 42:13. |
| مات. | 53:13 | مار. 1:6؛ لۇقا 16:4. |
| مات. | 54:13 | مار. 2:6. |
| مات. | 55:13 | يـۇھ. 42:6. |
| مات. | 57:13 | مار. 4:6؛ لۇقا 24:4؛ يـۇھ. 44:4. |
| مات. | 1:14 | مار. 14:6؛ لۇقا 7:9. |
| مات. | 3:14 | مار. 17:6؛ لۇقا 19:3. |
| مات. | 4:14 | لاۋ. 16:18. |
| مات. | 5:14 | مات. 26:21. |
| مات. | 6:14 | يار. 20:40؛ مار. 21:6. |
| مات. | 7:14 | ھاك. 30:11. |
| مات. | 13:14 | مات. 15:12؛ مار. 31:6؛ لۇقا 10:9. |
| مات. | 14:14 | مات. 36:9؛ يـۇھ. 5:6. |
| مات. | 15:14 | مار. 35:6؛ لۇقا 12:9. |
| مات. | 19:14 | 1سام. 13:9. |
| مات. | 22:14 | مار. 45:6؛ يـۇھ. 17:6. |
| مات. | 23:14 | مار. 46:6؛ يـۇھ. 15:6. |
| مات. | 34:14 | مار. 53:6. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 1:15 | مار. 1:7. |
| مات. | 4:15 | مىس. 12:20؛ 17:21؛ لاۋ. 9:20؛ قان. 16:5؛ پەند. 20:20؛ ئەف. 2:6. |
| مات. | 6:15 | مار. 13:7؛ 1تىم. 3:4؛ 2تىم. 2:3. |
| مات. | 8:15 | يەش. 13:29؛ ئەز. 31:33؛ مار. 6:7. |
| مات. | 9:15 | يەش. 13:29؛ مار. 7:6، 7؛ كول. 2:18، 20، 22. |
| مات. | 10:15 | مار. 14:7. |
| مات. | 11:15 | روس. 15:10؛ رىم. 17،20:14؛ تىت. 15:1. |
| مات. | 13:15 | يـۇھ. 2:15. |
| مات. | 14:15 | يەش. 19:42؛ لۇقا 39:6. |
| مات. | 15:15 | مار. 17:7. |
| مات. | 19:15 | يار. 5:6؛ 21:8؛ پەند. 14:6؛ يەر. 9:17. |
| مات. | 21:15 | مار. 24:7. |
| مات. | 24:15 | مات. 6:10؛ روس. 46:13. |
| مات. | 29:15 | مار. 31:7. |
| مات. | 30:15 | يەش. 18:29؛ 5:35؛ مات. 5:11؛ لۇقا 22:7. |
| مات. | 32:15 | مار. 1:8. |
| مات. | 36:15 | 1سام. 13:9. |
| مات. | 1:16 | مات. 38:12؛ مار. 11:8؛ لۇقا 29:11؛ 54:12؛ يـۇھ. 30:6. |
| مات. | 2:16 | لۇقا 54:12. |
| مات. | 4:16 | يۇن. 1:2؛ مات. 39:12؛ لۇقا 29:11. |
| مات. | 6:16 | مار. 15:8؛ لۇقا 1:12. |
| مات. | 9:16 | مات. 17:14؛ مار. 38:6؛ لۇقا 13:9؛ يـۇھ. 9:6. |
| مات. | 10:16 | مات. 34:15. |
| مات. | 13:16 | مار. 27:8؛ لۇقا 18:9. |
| مات. | 14:16 | مات. 2:14. |
| مات. | 16:16 | يـۇھ. 69:6. |
| مات. | 17:16 | مات. 25:11. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 18:16 | زەب. 22:118؛ يەش. 16:28؛ 20:33؛ يـۇھ. 43:1؛ 1كور. 11:3. |
| مات. | 19:16 | مات. 18:18؛ يـۇھ. 22:20. |
| مات. | 21:16 | مات. 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24. |
| مات. | 23:16 | 2سام. 22:19. |
| مات. | 24:16 | مات. 38:10؛ مار. 34:8؛ لۇقا 23:9؛ 27:14. |
| مات. | 25:16 | مات. 39:10؛ مار. 35:8؛ لۇقا 24:9؛ 33:17؛ يـۇھ. 25:12. |
| مات. | 26:16 | زەب. 49:12ـ6؛ مار. 37:8؛ لۇقا 25:9. |
| مات. | 27:16 | ئايۇپ 11:34؛ زەب. 12:62؛ مات. 30:24؛ 31:25؛ 64:26؛ رىم. 6:2. |
| مات. | 28:16 | مار. 1:9؛ لۇقا 27:9. |
| مات. | 1:17 | مار. 2:9؛ لۇقا 28:9؛ 2پېت. 17:1. |
| مات. | 5:17 | قان. 19:18؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ روس. 22:3؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1. |
| مات. | 9:17 | مار. 9:9؛ لۇقا 36:9. |
| مات. | 10:17 | مال. 23:3؛ مات. 14:11؛ مار. 11:9. |
| مات. | 14:17 | مار. 16:9؛ لۇقا 37:9. |
| مات. | 19:17 | مار. 28:9. |
| مات. | 20:17 | مات. 21:21؛ لۇقا 6:17. |
| مات. | 22:17 | مات. 21:16؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 44:9،22؛ 31:18. |
| مات. | 25:17 | مات. 21:22؛ رىم. 7:13. |
| مات. | 1:18 | مار. 34:9؛ لۇقا 46:9؛ 24:22. |
| مات. | 3:18 | مات. 14:19؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2. |
| مات. | 4:18 | 1پېت. 6:5. |
| مات. | 5:18 | مار. 37:9؛ لۇقا 48:9؛ يـۇھ. 20:13. |
| مات. | 6:18 | مار. 42:9؛ لۇقا 2:17. |

مات. 7:18 مات. 24:26؛ روس. 23:2؛ 27،28:4؛ 1كور. 19:11.

مات. 8:18 قان. 7:13؛ مات. 29،30:5؛ مار. 43:9.

مات. 10:18 زەب. 7:34؛ لۇقا 3ـ7:15

مات. 11:18 لۇقا 10:19.

مات. 12:18 لۇقا 3:15.

مات. 15:18 لاۋ. 17:19؛ پەند. 10:17؛ لۇقا 3:17؛ ياق. 19:5.

مات. 16:18 چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 15:19؛ يـۇھ. 17:8؛ 2كور. 1:13؛ ئىبر. 28:10.

مات. 17:18 1كور. 9:5؛ 2تېـس. 14:3.

مات. 18:18 مات. 19:16؛ يـۇھ. 23:20.

مات. 20:18 لۇقا 15،36:24.

مات. 21:18 لۇقا 4:17.

مات. 22:18 مات. 14:6؛ مار. 25:11؛ كول. 13:3.

مات. 25:18 مات. 25:5.

مات. 35:18 مات. 14:6؛ مار. 26:11؛ ياق. 13:2.

مات. 1:19 مار. 1:10.

مات. 3:19 مار. 2:10.

مات. 4:19 يار. 17:1؛ 24:2؛ 2:5

مات. 5:19 يار. 24:2؛ 1كور. 16:6؛ ئەف. 31:5.

مات. 6:19 1كور. 10:7.

مات. 7:19 قان. 1:24؛ يەر. 1:3.

مات. 9:19 مات. 32:5؛ مار. 11:10؛ لۇقا 18:16؛ 1كور. 10:7.

مات. 11:19 1كور. 7،17:7.

مات. 13:19 مار. 13:10؛ لۇقا 15:18.

مات. 14:19 مات. 3:18؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2.

مات. 16:19 مار. 17:10؛ لۇقا 18:18.

مات. 18:19 مىس. 12:20؛ لاۋ. 18:19؛ قان. 16ـ20:5؛ رىم. 9:13.

مات. 19:19 لاۋ. 17:19؛ مات. 39:22؛ مار. 31:12؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2.

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 21:19 | مات. 19:6؛ لۇقا 33:12؛ 9:16؛ 1تىم. 19:6. |
| مات. | 23:19 | پەند. 28:11؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18. |
| مات. | 26:19 | ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ لۇقا 37:1؛ 27:18. |
| مات. | 27:19 | مات. 20:4؛ مار. 28:10؛ لۇقا 11:5؛ 28:18. |
| مات. | 28:19 | لۇقا 30:22. |
| مات. | 29:19 | قان. 9:33؛ ئايۇپ 12:42. |
| مات. | 30:19 | مار. 31:10؛ لۇقا 30:13. |
| مات. | 16:20 | مات. 30:19؛ 14:22؛ مار. 31:10؛ لۇقا 30:13. |
| مات. | 17:20 | مار. 32:10؛ لۇقا 31:18؛ 7:24. |
| مات. | 19:20 | مات. 2:27؛ لۇقا 1:23؛ يـۇھ. 28،31:18؛ روس. 23:3. |
| مات. | 20:20 | مار. 35:10. |
| مات. | 22:20 | لۇقا 12: 49،50؛ رىم. 26:8. |
| مات. | 23:20 | مات. 34:25. |
| مات. | 25:20 | مار. 42:10؛ لۇقا 25:22. |
| مات. | 26:20 | 1پېت. 3:5. |
| مات. | 27:20 | مات. 11:23؛ مار. 35:9؛ 43:10. |
| مات. | 28:20 | لۇقا 27:22؛ يـۇھ. 14:13؛ ئەف. 7:1؛ فىل. 7:2؛ 1تىم. 6:2؛ 1پېت. 19:1 |
| مات. | 29:20 | مار. 46:10؛ لۇقا 35:18. |
| مات. | 1:21 | مار. 1:11؛ لۇقا 29:19. |
| مات. | 5:21 | 1پاد. 40:1ـ38؛ يەش. 11:62؛ زەك. 9:9؛ يـۇھ. 15:12. |
| مات. | 7:21 | 2پاد. 13:9؛ يـۇھ. 14:12. |
| مات. | 9:21 | زەب. 26:118ـ25 |
| مات. | 12:21 | قان. 26:14؛ مار. 15:11؛ لۇقا 45:19؛ يـۇھ. 14:2. |
| مات. | 13:21 | 1پاد. 29:8؛ يەش. 7:56؛ يەر. 11:7؛ لۇقا 46:19. |
| مات. | 15:21 | مار. 27:11. |
| مات. | 16:21 | زەب. 2:8 |
| مات. | 18:21 | مار. 12،20:11. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 19:21 | هوش. 10:9 |
| مات. | 21:21 | مات. 20:17؛ لۇقا 6:17. |
| مات. | 22:21 | مات. 7:7؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3. |
| مات. | 23:21 | مس. 14:2؛ مار. 27:11؛ لۇقا 1:20؛ روس. 7:4؛ 2:7. |
| مات. | 26:21 | مات. 5:14؛ مار. 20:6. |
| مات. | 32:21 | مات. 1:3. |
| مات. | 33:21 | زەب. 9:80ـ8؛ يەش. 7:5ـ1؛ يەر. 21:2؛ 10:12؛ مار. 1:12؛ لۇقا 9:20. |
| مات. | 35:21 | 2تار. 21:24. |
| مات. | 38:21 | يار. 18:37؛ زەب. 1:2، 8؛ مات. 3:26؛ 1:27؛ يـۇھ. 53:11؛ ئىبر. 2:1. |
| مات. | 42:21 | زەب. 23:118ـ22؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛ مار. 10:12؛ لۇقا 17:20؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 6:2. |
| مات. | 43:21 | مس. 10:32؛ يەش. 5:55؛ مات. 12:8. |
| مات. | 44:21 | يەش. 15:8؛ دان. 34:2؛ زەك. 3:12؛ لۇقا 18:20. |
| مات. | 45:21 | لۇقا 19:20. |
| مات. | 46:21 | لۇقا 16:7؛ يـۇھ. 40:7. |
| مات. | 2:22 | لۇقا 6:14؛ ۋەھ. 7:19. |
| مات. | 13:22 | مات. 12:8؛ 42:13؛ 51:24؛ 30:25؛ لۇقا 28:13. |
| مات. | 14:22 | مات. 16:20. |
| مات. | 15:22 | مار. 13:12؛ لۇقا 20:20. |
| مات. | 21:22 | مات. 25:17؛ رىم. 7:13. |
| مات. | 23:22 | مار. 18:12؛ لۇقا 27:20؛ روس. 8:23. |
| مات. | 24:22 | قان. 6:25ـ5؛ يار. 8:38. |
| مات. | 32:22 | مس. 15:3،6. |
| مات. | 33:22 | مات. 28:7. |
| مات. | 34:22 | مار. 28:12. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 35:22 | لۇقا 25:10. |
| مات. | 37:22 | قان. 5:6؛ 12:10؛ 6:30؛ لۇقا 27:10. |
| مات. | 39:22 | لاۋ. 18:19؛ مار. 31:12؛ رىم. 9:13؛ گال. 14:5؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ ياق. 8:2. |
| مات. | 41:22 | مار. 35:12؛ لۇقا 41:20. |
| مات. | 44:22 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئىبر. 13:1؛ 13:10. |
| مات. | 2:23 | نەھ. 4:8 |
| مات. | 3:23 | قان. 19:17؛ مال. 6:2؛ رىم. 19:2. |
| مات. | 4:23 | يەش. 1:10؛ لۇقا 46:11؛ روس. 10:15. |
| مات. | 5:23 | چۆل. 38:15؛ قان. 8:6؛ 12:22؛ مات. 5:6. |
| مات. | 6:23 | مار. 38،39:12؛ لۇقا 43:11؛ 46:20. |
| مات. | 7:23 | ياق. 1:3. |
| مات. | 9:23 | مال. 6:1. |
| مات. | 11:23 | مات. 26:20. |
| مات. | 12:23 | ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ لۇقا 11:14؛ 14:18؛ ياق. 6،10:4؛ 1پېت. 5:5. |
| مات. | 13:23 | لۇقا 52:11. |
| مات. | 14:23 | مار. 40:12؛ لۇقا 47:20؛ 2تىم. 6:3؛ تىت. 11:1. |
| مات. | 21:23 | 1پاد. 13:8؛ 2تار. 1:6، 2. |
| مات. | 22:23 | 2تار. 33:6؛ يەش. 1:66؛ مات. 34:5؛ روس. 49:7. |
| مات. | 23:23 | 1سام. 22:15؛ هوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 13:9؛ 7:12؛ لۇقا 42:11. |
| مات. | 25:23 | لۇقا 39:11. |
| مات. | 26:23 | تىت. 15:1. |
| مات. | 27:23 | روس. 3:23. |
| مات. | 29:23 | لۇقا 47:11. |
| مات. | 31:23 | روس. 51:7؛ 1تېس. 15:2. |
| مات. | 33:23 | مات. 7:3. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 34:23 | مات. 17:10،16؛ لۇقا 3:10؛ 49:11؛ يـۇھ. 2:16؛ روس. 52:7. |
| مات. | 35:23 | يار. 8:4؛ 2تار. 21:24؛ ئىبر. 4:11. |
| مات. | 37:23 | زەب. 8:17؛ 4:91؛ مات. 35،36:21؛ لۇقا 34:13. |
| مات. | 38:23 | زەب. 25:69؛ يەش. 7:1؛ يەر. 34:7؛ مىك. 12:3؛ روس. 20:1. |
| مات. | 39:23 | زەب. 26:118. |
| مات. | 1:24 | مار. 1:13؛ لۇقا 5:21. |
| مات. | 2:24 | 1پاد. 7:9، 8؛ مىك. 12:3؛ لۇقا 44:19. |
| مات. | 3:24 | مار. 1:13، 3؛ لۇقا 7:21؛ روس. 6:1. |
| مات. | 4:24 | يەر. 8:29؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 2تېس. 3:2؛ 1يۇھ. 1:4. |
| مات. | 5:24 | يەر. 14:14؛ 25:23؛ يـۇھ. 43:5. |
| مات. | 7:24 | يەش. 2:19. |
| مات. | 9:24 | مات. 17:10؛ لۇقا 11،12:21؛ يـۇھ. 20:15؛ 2:16؛ ۋەھ. 10:2. |
| مات. | 11:24 | 2پېت. 1:2. |
| مات. | 12:24 | 2تىم. 1:3. |
| مات. | 13:24 | مات. 22:10؛ مار. 13:13؛ لۇقا 19:21؛ ۋەھ. 7،10:2؛ 10:3. |
| مات. | 15:24 | دان. 27:9؛ مار. 14:13؛ لۇقا 20:21؛ 2تېـس. 4:2 |
| مات. | 20:24 | روس. 12:1. |
| مات. | 21:24 | دان. 1:12. |
| مات. | 23:24 | مار. 21:13؛ لۇقا 8:21. |
| مات. | 24:24 | قان. 2:13؛ 2تېـس. 11:2. |
| مات. | 26:24 | لۇقا 23:17. |
| مات. | 28:24 | ئايۇپ 30:39؛ لۇقا 37:17. |
| مات. | 29:24 | يەش. 10:13؛ 4:34؛ ئەز. 7:32؛ يو. 31:2؛ 15:3؛ مار. 24:13؛ لۇقا 25:21. |

| | | |
|---|---|---|
| مات. | 30:24 | دان. 10:7؛ مات. 27:16؛ 31:25؛ 64:26؛ مار. 26:13؛ 62:14؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1. |
| مات. | 31:24 | 1كور. 52:15؛ 1تېس. 16:4. |
| مات. | 32:24 | مار. 28:13؛ لۇقا 29:21. |
| مات. | 35:24 | زەب. 27:102ـ25؛ يەش. 6:51؛ مار. 31:13؛ ئىبر. 11:1. |
| مات. | 36:24 | مار. 32:13؛ روس. 7:1. |
| مات. | 37:24 | يار. 2:6؛ لۇقا 26:17؛ 1پېت. 20:3؛ 2پېت. 5:2. |
| مات. | 38:24 | يار. 7:7. |
| مات. | 40:24 | لۇقا 34:17؛ 1تېس. 17:4. |
| مات. | 42:24 | مات. 13:25؛ مار. 33:13؛ لۇقا 40:12؛ 36:21. |
| مات. | 43:24 | لۇقا 39:12؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16. |
| مات. | 45:24 | مات. 21:25؛ لۇقا 42:12. |
| مات. | 51:24 | مات. 12:8؛ 42:13؛ 13:22؛ 30:25؛ لۇقا 28:13. |
| مات. | 13:25 | مات. 42:24؛ مار. 33،35:13. |
| مات. | 14:25 | لۇقا 12:19. |
| مات. | 29:25 | مات. 12:13؛ مار. 25:4؛ لۇقا 18:8؛ 26:19. |
| مات. | 30:25 | مات. 12:8؛ 42:13؛ 13:22؛ 51:24؛ لۇقا 28:13. |
| مات. | 31:25 | مات. 27:16؛ 64:26؛ مار. 62:14؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 16:4؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1. |
| مات. | 32:25 | ئەز. 17،20:34؛ مات. 49:13. |
| مات. | 34:25 | مات. 23:20؛ مار. 40:10. |
| مات. | 35:25 | يەش. 7:58؛ ئەز. 7:18؛ ئىبر. 2:13. |
| مات. | 36:25 | يەش. 7:58؛ 2تىم. 16:1؛ ياق. 15،16:2. |
| مات. | 40:25 | پەند. 17:19؛ مات. 42:10؛ مار. 41:9؛ يۇھ. 20:13؛ 2كور. 6:9. |
| مات. | 41:25 | زەب. 8:6؛ يەش. 33:30؛ مات. 23:7؛ لۇقا 25،27:13؛ ۋەھ. 20:19. |
| مات. | 45:25 | پەند. 31:14؛ 5:17؛ زەك. 12:2. |

مات. 46:25 دان. 2:12؛ يـۇھ. 29:5.
مات. 2:26 مار. 1:14؛ لۇقا 1:22؛ يـۇھ. 1:13
مات. 3:26 زەب. 2:2؛ يـۇھ. 47:11؛ روس. 27:4.
مات. 7:26 مار. 3:14؛ لۇقا 37:7؛ يـۇھ. 2:11؛ 3:12.
مات. 11:26 قان. 11:15؛ مار. 7:14؛ يـۇھ. 8:12.
مات. 14:26 مار. 10:14؛ لۇقا 4:22.
مات. 15:26 زەك. 12:11.
مات. 17:26 مىس. 17:12؛ مار. 12:14؛ لۇقا 7:22.
مات. 20:26 مار. 17:14؛ لۇقا 14:22؛ يـۇھ. 21:13.
مات. 21:26 روس. 17:1.
مات. 23:26 زەب. 9:41؛ لۇقا 21:22؛ يـۇھ. 18:13.
مات. 26:26 مار. 22:14؛ لۇقا 19:22؛ 1كور. 23:11.
مات. 28:26 مىس. 8:24.
مات. 30:26 مار. 26:14؛ لۇقا 39:22؛ يـۇھ. 1:18.
مات. 31:26 زەك. 7:13؛ يـۇھ. 32:16.
مات. 32:26 مار. 28:14؛ 7:16.
مات. 33:26 لۇقا 33:22.
مات. 34:26 يـۇھ. 38:13.
مات. 36:26 مار. 32:14؛ لۇقا 39:22؛ يـۇھ. 1:18.
مات. 38:26 يـۇھ. 27:12.
مات. 39:26 مات. 23:20،22؛ لۇقا 41:22؛ يـۇھ. 38:6.
مات. 41:26 گال. 17:5.
مات. 47:26 مار. 43:14؛ لۇقا 47:22؛ يـۇھ. 3:18.
مات. 54:26 زەب. 6:22؛ 8:40ـ6؛ 10:69،4ـ1؛ لۇقا 25:24.
مات. 56:26 ئايۇپ 13:19؛ زەب. 8:88، 18؛ زەك. 7:13.
مات. 57:26 مار. 53:14؛ لۇقا 54:22؛ يـۇھ. 12:18.
مات. 59:26 مار. 55:14؛ روس. 13:6.
مات. 61:26 يـۇھ. 19:2.

مات. 62:26 مار. 60:14.

مات. 63:26 يەش. 7:53؛ مات. 12،14:27.

مات. 64:26 زەب. 1:110؛ دان. 13:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ مار. 62:14؛
لۇقا 69:22؛ روس. 11:1؛ رىم. 10:14؛ 1تېس. 16:4؛ ۋەھ. 7:1.

مات. 66:26 لاۋ. 16:24.

مات. 67:26 يەش. 6:50.

مات. 68:26 ئايۇپ 10:16؛ لۇقا 64:22؛ يـۇھ. 3:19.

مات. 69:26 مار. 66:14؛ لۇقا 55:22؛ يـۇھ. 16،25:18.

مات. 75:26 مات. 34:26؛ مار. 30:14؛ لۇقا 61:22؛ يـۇھ. 38:13

مات. 1:27 زەب. 2:2؛ مار. 1:15؛ لۇقا 66:22؛ 2:23؛ يـۇھ. 28:18.

مات. 2:27 روس. 13:3.

مات. 5:27 2سام. 23:17؛ روس. 18:1.

مات. 7:27 روس. 19:1.

مات. 9:27 زەك. 12:11.

مات. 10:27 يەر. 9:32ـ6؛ زەك. 12:11 ،13

مات. 11:27 مار. 2:15؛ لۇقا 3:23؛ يـۇھ. 33:18.

مات. 13:27 مات. 62:26.

مات. 14:27 يەش. 7:53؛ روس. 32:8.

مات. 15:27 مار. 6:15؛ لۇقا 17:23؛ يـۇھ. 39:18.

مات. 16:27 مار. 7:15؛ لۇقا 19:23؛ يـۇھ. 40:18.

مات. 20:27 مار. 11:15؛ لۇقا 18:23؛ يـۇھ. 40:18؛ روس. 14:3.

مات. 25:27 روس. 28:5.

مات. 27:27 مار. 16:15؛ يـۇھ. 2:19.

مات. 32:27 مار. 21:15؛ لۇقا 26:23.

مات. 33:27 مار. 22:15؛ لۇقا 33:23؛ يـۇھ. 17:19.

مات. 34:27 زەب. 21:69

مات. 35:27 زەب. 18:22؛ مار. 24:15؛ يـۇھ. 23:19.

مات. 37:27 مار. 26:15؛ لۇقا 38:23؛ يـۇھ. 19:19.

مات. 38:27 يەش. 12:53.
مات. 39:27 زەب. 22:9ـ8؛ 20:69ـ19؛ مار. 29:15؛ لۇقا 35:23.
مات. 40:27 مات. 61:26؛ يـۇه. 19:2.
مات. 45:27 مار. 33:15؛ لۇقا 44:23.
مات. 46:27 زەب. 2:22ـ1؛ ئىبر. 7:5.
مات. 48:27 زەب. 21:69؛ يـۇه. 29:19.
مات. 50:27 زەب. 5:31؛ لۇقا 46:23
مات. 51:27 2تار. 14:3؛ مار. 38:15؛ لۇقا 45:23.
مات. 54:27 مار. 39:15؛ لۇقا 47:23.
مات. 55:27 زەب. 11:38؛ مار. 40:15؛ لۇقا 2:8؛ 49:23.
مات. 57:27 مار. 42:15؛ لۇقا 50:23؛ يـۇه. 38:19.
مات. 60:27 مار. 46:15؛ لۇقا 53:23.
مات. 63:27 مات. 21:16؛ 23:17؛ 19:20؛ مار. 31:8؛ 34:10؛
لۇقا 22:9؛ 33:18؛ 6:24.
مات. 1:28 مار. 1:16؛ لۇقا 1:24؛ يـۇه. 1:20.
مات. 3:28 دان. 9:7؛ روس. 10:1.
مات. 5:28 مار. 6:16؛ لۇقا 4:24.
مات. 6:28 مات. 21:16؛ 23:17؛ 19:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 34:10؛
لۇقا 22:9؛ 33:18؛ 6:24.
مات. 7:28 مات. 32:26؛ مار. 7:16.
مات. 8:28 مار. 8:16؛ يـۇه. 18:20.
مات. 9:28 مار. 9:16؛ يـۇه. 14:20.
مات. 10:28 روس. 3:1؛ 31:13؛ 1كور. 5:15.
مات. 16:28 مات. 32:26؛ مار. 28:14.
مات. 18:28 زەب. 6:8ـ5؛ مات. 27:11؛ لۇقا 22:10؛ يـۇه. 35:3؛ 2:17؛
1كور. 27:15؛ ئەف. 22:1؛ ئىبر. 8:2.
مات. 19:28 مار. 15:16؛ يـۇه. 16:15.
مات. 20:28 يـۇه. 18:14.

# ماركۇس

مار. 2:1 مسس. 20:23؛ مال. 1:3؛ مات. 10:11؛ لۇقا 27:7.
مار. 3:1 يەش. 3:40؛ مات. 3:3؛ لۇقا 4:3؛ يـۇھ. 23:1.
مار. 4:1 مات. 1:3؛ لۇقا 3:3؛ يـۇھ. 23:3.
مار. 5:1 مات. 5:3؛ لۇقا 7:3.
مار. 6:1 2پاد. 8:1؛ لاۋ. 22:11؛ مات. 4:3.
مار. 7:1 مات. 11:3؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 27:1.
مار. 8:1 يەش. 3:44؛ يو. 29،28:2؛ مات. 11:3؛
روس. 5:1؛ 4:2؛ 16،15:11؛ 4:19.
مار. 10:1 مات. 16:3؛ لۇقا 21:3؛ يـۇھ. 32:1.
مار. 11:1 زەب. 7:2؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 7:9؛
لۇقا 22:3؛ 35:9؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1.
مار. 12:1 مات. 1:4؛ لۇقا 1:4.
مار. 15ـ14:1 مات. 12:4؛ لۇقا 14:4؛ يـۇھ. 43:4.
مار. 16:1 مات. 18:4.
مار. 17:1 يەر. 16:16؛ ئەز. 10:47.
مار. 18:1 مات. 27:19؛ مار. 28:10؛ لۇقا 11:5؛ 28:18.
مار. 19:1 مات. 21:4.
مار. 21:1 مات. 13:4؛ لۇقا 31:4.
مار. 22:1 مات. 28:7؛ لۇقا 32:4.
مار. 23:1 لۇقا 33:4.
مار. 29:1 مات. 14:8؛ لۇقا 38:4.
مار. 32:1 مات. 16:8؛ لۇقا 40:4.
مار. 35:1 مات. 23:14؛ لۇقا 42:4.
مار. 38:1 يەش. 1:61؛ لۇقا 43،18:4.
مار. 40:1 مات. 2:8؛ لۇقا 12:5.

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 43:1 | لاۋ. 2:13؛ 1:14. |
| مار. | 1:2 | مات. 1:9؛ لۇقا 17:5. |
| مار. | 3:2 | مات. 1:9؛ لۇقا 18:5. |
| مار. | 7:2 | زەب. 5:32؛ 2ـ4:51؛ يەش. 25:43. |
| مار. | 13:2 | مات. 9:9؛ لۇقا 27:5. |
| مار. | 17:2 | مات. 13:9؛ 31:21؛ لۇقا 32:5؛ 10:19؛ 1تىم. 15:1. |
| مار. | 18:2 | مات. 14:9؛ لۇقا 33:5. |
| مار. | 19:2 | يەش. 5:62؛ 2كور. 2:11. |
| مار. | 22:2 | مات. 17:9. |
| مار. | 23:2 | قان. 24:23؛ مات. 1:12؛ لۇقا 1:6. |
| مار. | 24:2 | مىس. 10:20. |
| مار. | 25:2 | 1سام. 6:21. |
| مار. | 26:2 | لاۋ. 9:24. |
| مار. | 28:2 | مات. 8:12؛ لۇقا 5:6. |
| مار. | 1:3 | مات. 9:12؛ لۇقا 6:6. |
| مار. | 5:3 | 1پاد. 6:13. |
| مار. | 6:3 | مات. 14:12؛ يـۇھ. 39:10؛ 53:11. |
| مار. | 8ـ7:3 | مات. 25:4؛ لۇقا 17:6. |
| مار. | 13:3 | مات. 1:10؛ مار. 7:6؛ لۇقا 13:6؛ 1:9. |
| مار. | 20:3 | مار. 31:6. |
| مار. | 22:3 | مات. 34:9؛ 24:12؛ لۇقا 15:11؛ يـۇھ. 48:8. |
| مار. | 23:3 | مات. 25:12. |
| مار. | 27:3 | مات. 29:12؛ كول. 15:2. |
| مار. | 28:3 | 1سام. 25:2؛ مات. 31:12؛ لۇقا 10:12؛ 1يۇھ. 16:5. |
| مار. | 29:3 | 1يۇھ. 16:5. |
| مار. | 31:3 | مات. 46:12؛ لۇقا 19:8. |
| مار. | 35:3 | يـۇھ. 14:15؛ 2كور. 16،17:5. |
| مار. | 1:4 | مات. 1:13؛ لۇقا 4:8. |

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 10:4 | مات. 10:13؛ لۇقا 9:8. |
| مار. | 11:4 | مات. 25:11؛ 2كور. 14:2؛ 14:3. |
| مار. | 12:4 | يەش. 10:6ـ9؛ مات. 14:13؛ لۇقا 10:8؛ يـۇھ. 40:12؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11. |
| مار. | 14:4 | مات. 19:13؛ لۇقا 11:8. |
| مار. | 19:4 | مات. 23:19؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18؛ 1تىم. 9:6. |
| مار. | 21:4 | مات. 15:5؛ لۇقا 16:8؛ 33:11. |
| مار. | 22:4 | ئايۇپ 22:12؛ مات. 26:10؛ لۇقا 17:8؛ 2:12. |
| مار. | 24:4 | مات. 2:7؛ لۇقا 38:6. |
| مار. | 25:4 | مات. 12:13؛ 29:25؛ لۇقا 18:8؛ 26:19. |
| مار. | 30:4 | مات. 31:13؛ لۇقا 18:13. |
| مار. | 33:4 | مات. 34:13. |
| مار. | 35:4 | مات. 23:8؛ لۇقا 22:8. |
| مار. | 39:4 | ئايۇپ 12:26؛ زەب. 29:107؛ يەش. 10:51. |
| مار. | 1:5 | مات. 28:8؛ لۇقا 26:8. |
| مار. | 18:5 | لۇقا 38:8. |
| مار. | 21:5 | لۇقا 40:8. |
| مار. | 22:5ـ23 | مات. 18:9؛ لۇقا 41:8. |
| مار. | 25:5 | لاۋ. 25:15؛ مات. 20:9؛ لۇقا 43:8. |
| مار. | 30:5 | لۇقا 19:6. |
| مار. | 34:5 | مات. 22:9؛ مار. 52:10. |
| مار. | 35:5 | لۇقا 49:8. |
| مار. | 39:5 | يـۇھ. 11:11. |
| مار. | 1:6 | مات. 53:13؛ لۇقا 16:4. |
| مار. | 3:6 | يـۇھ. 42:6. |
| مار. | 4:6 | مات. 57:13؛ لۇقا 24:4؛ يـۇھ. 44:4. |
| مار. | 5:6 | مات. 58:13. |
| مار. | 6:6 | مات. 35:9؛ لۇقا 22:13. |

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 7:6 | مات. 1:10؛ لۇقا 13:6؛ 1:9. |
| مار. | 9:6 | روس. 8:12. |
| مار. | 11:6 | مات. 15:10،14؛ لۇقا 5:9؛ 12:10؛ روس. 51:13؛ 6:18 |
| مار. | 13:6 | ياق. 14:5. |
| مار. | 14:6 | مات. 1:14؛ لۇقا 7:9. |
| مار. | 17:6ـ18 | مات. 3:14؛ لۇقا 19:3؛ 9:9؛ لاۋ. 16:18؛ 21:20. |
| مار. | 20:6 | مات. 5:14؛ 26:21. |
| مار. | 21:6 | يار. 20:40؛ مات. 6:14. |
| مار. | 23:6 | هاك. 30:11. |
| مار. | 27:6 | مات. 10:14. |
| مار. | 30:6 | لۇقا 10:9. |
| مار. | 31:6 | مار. 20:3. |
| مار. | 32:6 | مات. 13:14؛ لۇقا 10:9؛ يـۇھ. 1:6. |
| مار. | 34:6 | يەر. 1:23؛ ئەز. 2:34؛ مات. 36:9؛ 4:14؛ لۇقا 11:9. |
| مار. | 35:6 | مات. 15:14؛ لۇقا 12:9؛ يـۇھ. 5:6. |
| مار. | 38:6 | مات. 17:14؛ لۇقا 13:9؛ يـۇھ. 9:6. |
| مار. | 41:6 | 1سام. 13:9؛ يـۇھ. 1:17. |
| مار. | 45:6 | مات. 22:14؛ يـۇھ. 17:6. |
| مار. | 46:6 | مات. 23:14؛ لۇقا 12:6. |
| مار. | 47:6 | مات. 23:14؛ يـۇھ. 16:6. |
| مار. | 53:6 | مات. 3:14. |
| مار. | 1:7 | مات. 1:15. |
| مار. | 6:7 | يەش. 13:29؛ ئەز. 31:33. |
| مار. | 7:7 | مات. 9:15؛ كول. 18،20:2؛ تىت. 14:1. |
| مار. | 10:7 | مىس. 12:20؛ 17:21؛ لاۋ. 9:20؛ قان. 16:5؛ 16:27؛ پەند. 20:20؛ ئەف. 2:6. |
| مار. | 13:7 | مات. 6:15؛ 1تىم. 3:4؛ 2تىم. 2:3. |
| مار. | 14:7 | مات. 10:15. |

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 15:7 | روس. 15:10؛ رىم. 14:20،17؛ تىت. 15:1. |
| مار. | 17:7 | مات. 15:15. |
| مار. | 21:7ـ22 | يار. 5:6؛ 21:8؛ پەند. 14:6؛ يەر. 9:17. |
| مار. | 24:7 | مات. 21:15. |
| مار. | 31:7 | مات. 29:15. |
| مار. | 32:7 | مات. 32:9؛ لۇقا 14:11. |
| مار. | 37:7 | يار. 31:1. |
| مار. | 1:8 | مات. 32:15. |
| مار. | 10:8 | مات. 39:15. |
| مار. | 11:8 | مات. 38:12؛ 1:16؛ لۇقا 29:11؛ يـۇھ. 30:6. |
| مار. | 12:8 | مات. 4:16. |
| مار. | 15:8 | مات. 6:16؛ لۇقا 1:12. |
| مار. | 17:8 | مار. 52:6. |
| مار. | 19:8 | مات. 14:20،17؛ مار. 38:6؛ لۇقا 13:9؛ يـۇھ. 9:6. |
| مار. | 20:8 | مات. 37:15،36. |
| مار. | 23:8 | مار. 32:7. |
| مار. | 27:8 | مات. 13:16؛ لۇقا 18:9. |
| مار. | 28:8 | مات. 2:14. |
| مار. | 29:8 | مات. 16:16؛ يـۇھ. 69:6. |
| مار. | 31:8 | مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24. |
| مار. | 33:8 | 2سام. 22:19. |
| مار. | 34:8 | مات. 38:10؛ 24:16؛ لۇقا 23:9؛ 27:14. |
| مار. | 35:8 | مات. 39:10؛ 25:16؛ لۇقا 24:9؛ 33:17؛ يـۇھ. 25:12. |
| مار. | 37:8 | زەب. 9:49ـ6 |
| مار. | 38:8 | مات. 32:10؛ لۇقا 26:9؛ 8:12؛ 2تىم. 12:2؛ 1يۇھ. 23:2. |
| مار. | 1:9 | مات. 28:16؛ لۇقا 27:9. |
| مار. | 2:9 | مات. 1:17؛ لۇقا 28:9. |

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 7:9 | قان. 19:18؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ لۇقا 22:3؛ 9:35؛ كول. 1:13؛ 2پېت. 17:1. |
| مار. | 9:9 | مات. 9:17؛ لۇقا 36:9. |
| مار. | 11:9 | مال. 5:4؛ مات. 14:11؛ لۇقا 17:1. |
| مار. | 12:9 | مال. 5:4؛ زەب. 6:22؛ يەش. 4:53؛ دان. 26:9؛ ۋەھ. 11:7-4. |
| مار. | 13:9 | مال. 5،6:4 |
| مار. | 17:9 | مات. 14:17؛ لۇقا 37،38:9. |
| مار. | 20:9 | مار. 26:1. |
| مار. | 23:9 | لۇقا 6:17. |
| مار. | 28:9 | مات. 19:17. |
| مار. | 30:9 | مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24. |
| مار. | 33:9 | مات. 1:18؛ لۇقا 46:9؛ 24:22. |
| مار. | 35:9 | مات. 27:20؛ مار. 43:10. |
| مار. | 36:9 | مار. 16:10. |
| مار. | 37:9 | مات. 5:18؛ لۇقا 48:9؛ يـۇھ. 20:13. |
| مار. | 38:9 | لۇقا 49:9. |
| مار. | 39:9 | 1كور. 3:12. |
| مار. | 41:9 | مات. 42:10. |
| مار. | 42:9 | مات. 6:18؛ لۇقا 2:17. |
| مار. | 43:9 | قان. 7:13؛ مات. 30:5؛ 8:18. |
| مار. | 44:9 | يەش. 24:66. |
| مار. | 46:9 | يەش. 24:66 |
| مار. | 48:9 | يەش. 24:66 |
| مار. | 49:9 | لاۋ. 13:2. |
| مار. | 50:9 | مات. 13:5؛ لۇقا 34:14؛ رىم. 18:12؛ ئىبر. 14:12. |
| مار. | 1:10 | مات. 1:19. |
| مار. | 4:10 | قان. 1:24، 3؛ يەر. 1:3؛ مات. 31:5. |

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 6:10 | يار. 27:1، 24:2، 2:5؛ مات. 4:19. |
| مار. | 7:10 | يار. 2:24؛ 1كور. 16:6؛ ئەف. 31:5. |
| مار. | 8:10 | يار. 24:2 |
| مار. | 9:10 | 1كور. 10:7. |
| مار. | 11:10 | مات. 32:5؛ 9:19؛ لۇقا 18:16؛ 1كور. 10:7. |
| مار. | 13:10 | مات. 13:19؛ لۇقا 15:18. |
| مار. | 14:10 | مات. 3:18؛ 14:19؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2. |
| مار. | 16:10 | مات. 15:19؛ مار. 36:9. |
| مار. | 17:10 | مات. 16:19؛ لۇقا 18:18. |
| مار. | 19:10 | مىس. 16:20ـ12؛ 12:21؛ قان. 20:5ـ16؛ قان. 14:24؛ رىم. 9:13. |
| مار. | 21:10 | مات. 19:6؛ لۇقا 33:12؛ 1تىم. 17:6. |
| مار. | 23:10 | پەند. 28:11؛ مات. 23:19؛ لۇقا 24:18. |
| مار. | 27:10 | ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ لۇقا 37:1. |
| مار. | 28:10 | مات. 20:4؛ 27:19؛ لۇقا 11:5؛ 28:18. |
| مار. | 31:10 | مات. 30:19؛ 16:20؛ لۇقا 30:13. |
| مار. | 32:10 | مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 7:24. |
| مار. | 35:10 | مات. 20:20. |
| مار. | 38:10 | مات. 22:20؛ لۇقا 50:12،49. |
| مار. | 40:10 | مات. 34:25. |
| مار. | 41:10 | مات. 24:20. |
| مار. | 42:10 | مات. 25:20؛ لۇقا 25:22. |
| مار. | 43:10 | 1پېت. 3:5. |
| مار. | 45:10 | يـۇھ. 14:13؛ ئەف. 7:1؛ فىل. 7:2؛ كول. 14:1؛ 1تىم. 6:2؛ تىت. 14:2. |
| مار. | 46:10 | مات. 29:20؛ لۇقا 35:18. |
| مار. | 52:10 | مات. 22:9؛ مار. 34:5. |

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 2ـ1:11 | مات. 1:21؛ لۇقا 29:19. |
| مار. | 7:11 | 2پاد. 13:9؛ يـۇھ. 14:12. |
| مار. | 9:11 | زەب. 26:118. |
| مار. | 11:11 | مات. 12،14:21؛ لۇقا 45:19؛ يـۇھ. 14:2. |
| مار. | 12:11 | مات. 18:21. |
| مار. | 15:11 | مال.3:3ـ1؛ مات. 12:21؛ لۇقا 45:19؛ يـۇھ. 14:2. |
| مار. | 17:11 | 1پاد. 29:8؛ يەش. 7:56؛ يەر. 11:7؛ مات. 13:21؛ لۇقا 46:19. |
| مار. | 18:11 | يەش.7:49؛ مات.46:21. |
| مار. | 23:11 | مات. 20:17؛ 21:21؛ لۇقا 6:17. |
| مار. | 24:11 | يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ لۇقا 9:11؛ يــۇھ. 13:14؛ 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1، 6؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5. |
| مار. | 25:11 | مات. 14:6؛ كول. 13:3. |
| مار. | 26:11 | مات. 35:18. |
| مار. | 27:11 | مات. 23:21؛ لۇقا 1:20. |
| مار. | 28:11 | مىس. 14:2؛ روس. 7:4؛ 27:7. |
| مار. | 32:11 | مات. 5:14؛ مار. 20:6. |
| مار. | 1:12 | زەب. 9:80ـ8؛ يەش. 1:5؛ يەر. 21:2؛ 10:12؛ مات. 33:21؛ لۇقا 9:20. |
| مار. | 7:12 | يار. 18:37؛ زەب. 8:2؛ مات. 3:26؛ يـۇھ. 53:11 |
| مار. | 10:12 | زەب. 23:118ـ22؛ يەش. 16:28؛ مات. 42:21؛ لۇقا 17:20؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 6:2. |
| مار. | 11:12 | زەب. 22،23:118 |
| مار. | 13:12 | مات. 15:22؛ لۇقا 20:20. |
| مار. | 17:12 | مات. 25:17؛ 21:22؛ رىم. 7:13. |
| مار. | 18:12 | مات. 23:22؛ لۇقا 27:20؛ روس. 8:23. |
| مار. | 19:12 | يار. 8:38؛ قان. 5:25، 6. |
| مار. | 25:12 | مات. 30:22؛ 1يۇھ. 2:3. |

مار. 26:12 مسس. 6،15:3؛ مات. 31،32:22؛ روس. 32:7؛ ئىبر. 16:11.

مار. 28:12 مات. 34:22؛ لۇقا 25:10.

مار. 29:12 قان. 35:4؛ 5:6ـ4؛ 12:10؛ لۇقا 27:10.

مار. 31:12 لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ رىم. 9:13؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2.

مار. 34:12 قان. 35:4؛ 5:6ـ4؛ يەش. 21:45

مار. 35:12 مات. 41:22؛ لۇقا 41:20.

مار. 36:12 زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئىبر. 13:1؛ 13:10.

مار. 38:12 مات. 5:23، 6؛ لۇقا 43:11؛ 46:20.

مار. 40:12 مات. 14:23؛ لۇقا 47:20؛ 2تىم. 6:3؛ تىت. 11:1.

مار. 41:12 2پاد. 10:12؛ لۇقا 1:21.

مار. 43:12 2كور. 12:8.

مار. 1:13 مات. 1:24؛ لۇقا 5:21.

مار. 2:13 1پاد. 7:9، 8؛ مىك. 12:3؛ لۇقا 44:19.

مار. 3:13 مات. 3:24؛ لۇقا 7:21.

مار. 4:13 روس. 6:1.

مار. 5:13 يەر. 8:29؛ ئەف. 6:5؛ 2تېس. 2:2، 3؛ 1يۇھ. 1:4.

مار. 6:13 يەر. 14:14؛ 21:23.

مار. 8:13 يەش. 2:19.

مار. 9:13 مات. 17:10؛ 9:24؛ لۇقا 12:21؛ يـۇھ. 19:15؛ 2:16؛ ۋەھ. 10:2.

مار. 11:13 مات. 19:10؛ لۇقا 11:12؛ 4:21.

مار. 12:13 ئەز. 21:38؛ مىك. 6:7.

مار. 13:13 مات. 22:10؛ 13:24؛ لۇقا 19:21؛ ۋەھ. 7،10:2.

مار. 14:13 دان. 27:9؛ مات. 15:24؛ لۇقا 20،21:21؛ 2تېـس. 4:2

مار. 19:13 مات. 21:24

مار. 21:13 مات. 23:24؛ لۇقا 8:21.

مار. 22:13 قان. 2:13؛ 2تېـس. 11:2.

مار. 24:13 يەش. 10:13؛ ئەز. 7:32؛ يو. 10،31:2؛ 15:3؛
مات. 29:24؛ لۇقا 25:21؛ ۋەھ. 12:6.

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 25:13 | يەش. 10:13؛ 4:34. |
| مار. | 26:13 | دان. 10:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ مار. 62:14؛ لۇقا 27:21؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 16:4؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1. |
| مار. | 28:13 | مات. 32:24؛ لۇقا 29:21. |
| مار. | 31:13 | زەب. 27:102ـ25؛ يەش. 8:40؛ 6:51؛ ئىبر. 11:1. |
| مار. | 32:13 | مات. 36:24؛ روس. 7:1. |
| مار. | 33:13 | مات. 42:24؛ 13:25؛ لۇقا 40:12؛ 36:21؛ 1تېس. 6:5. |
| مار. | 1:14 | مات. 2:26؛ لۇقا 1:22؛ يۇھ. 55:11؛ 1:13. |
| مار. | 3:14 | مات. 6:26؛ لۇقا 37:7؛ يۇھ. 2:11؛ 3:12. |
| مار. | 7:14 | قان. 11:15. |
| مار. | 10:14 | مات. 14:26؛ لۇقا 4:22. |
| مار. | 12:14 | مىس. 17:12؛ مات. 17:26؛ لۇقا 7:22. |
| مار. | 17:14 | مات. 20:26؛ لۇقا 14:22. |
| مار. | 18:14 | زەب. 9:41؛ روس. 17:1. |
| مار. | 22:14 | مات. 26:26؛ لۇقا 19:22؛ 1كور. 23:11. |
| مار. | 27:14 | زەك. 7:13؛ مات. 31:26؛ يۇھ. 32:16. |
| مار. | 28:14 | مات. 32:26؛ 10:28؛ مار. 7:16. |
| مار. | 30:14 | مات. 34:26؛ لۇقا 34:22؛ يۇھ. 38:13. |
| مار. | 31:14 | يۇھ. 37:13. |
| مار. | 32:14 | مات. 36:26؛ لۇقا 39:22؛ يۇھ. 1:18. |
| مار. | 34:14 | يۇھ. 27:12. |
| مار. | 35:14 | لۇقا 41:22. |
| مار. | 36:14 | يۇھ. 38:6. |
| مار. | 37:14 | مات. 40:26؛ لۇقا 45:22. |
| مار. | 38:14 | گال. 17:5. |
| مار. | 43:14 | مات. 47:26؛ لۇقا 47:22؛ يۇھ. 3:18. |
| مار. | 45:14 | 2سام. 9:20. |
| مار. | 49:14 | 1سام. 15:24ـ14؛ زەب. 7:22ـ6؛ 9:69؛ لۇقا 25:24 |

مار. 50:14 ئايۇپ 13:19؛ زەب. 8:88، 18؛ زەك.7:13

مار. 53:14 مات. 57:26؛ لۇقا 54:22؛ يـۇھ. 24:18،13.

مار. 55:14 مات. 59:26؛ روس. 13:6.

مار. 58:14 مار. 29:15؛ يـۇھ. 19:2.

مار. 60:14 مات. 62:26.

مار. 61:14 يەش. 7:53؛ روس. 32:8.

مار. 62:14 دان. 13:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ 31:25؛ لۇقا 27:21؛
روس. 11:1؛ 1تېس. 16:4؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

مار. 65:14 ئايۇپ 10:16؛ يەش. 6:50؛ يـۇھ. 3:19.

مار. 66:14 مات. 69:26،58؛ لۇقا 55:22؛ يـۇھ. 17:18،16.

مار. 69:14 مات. 71:26؛ لۇقا 58:22؛ يـۇھ. 25:18.

مار. 72:14 مات. 75:26،34؛ لۇقا 61:22؛ يـۇھ. 38:13؛ 27:18.

مار. 1:15 زەب. 2:2؛ مات. 1:27؛ لۇقا 66:22؛ 1:23؛
يـۇھ. 28:18؛ روس. 13:3.

مار. 2:15 مات. 11:27؛ لۇقا 3:23؛ يـۇھ. 33:18.

مار. 4:15 مات. 13:27؛ يـۇھ. 10:19.

مار. 5:15 يەش. 7:53

مار. 6:15 مات. 15:27؛ لۇقا 17:23؛ يـۇھ. 39:18.

مار. 7:15 مات. 16:27؛ لۇقا 19:23؛ يـۇھ. 40:18.

مار. 11:15 مات. 20:27؛ لۇقا 18:23؛ يـۇھ. 40:18؛ روس. 14:3.

مار. 15:15 مات. 26:27؛ يـۇھ. 1:19.

مار. 16:15 مات. 27:27؛ يـۇھ. 2:19.

مار. 21:15 مات. 32:27؛ لۇقا 26:23.

مار. 22:15 مات. 33:27؛ لۇقا 33:23؛ يـۇھ. 17:19.

مار. 24:15 زەب. 18:22؛ مات. 35:27؛ لۇقا 34:23؛ يـۇھ. 23:19.

مار. 26:15 مات. 37:27؛ لۇقا 38:23؛ يـۇھ. 19:19.

مار. 28:15 يەش. 12:53؛ لۇقا 37:22.

| | | |
|---|---|---|
| مار. | 29:15 | زەب. 22:8-7؛ 69:22-19؛ 109:25؛ مات. 39:27؛ لۇقا 35:23؛ يـۇھ. 19:2. |
| مار. | 33:15 | مات. 45:27؛ لۇقا 44:23. |
| مار. | 34:15 | زەب. 22:2-1؛ مات. 46:27. |
| مار. | 36:15 | زەب. 21:69؛ يـۇھ. 29:19. |
| مار. | 38:15 | 2تار. 14:3؛ مات. 51:27؛ لۇقا 45:23. |
| مار. | 39:15 | مات. 54:27؛ لۇقا 47:23. |
| مار. | 40:15 | مات. 55:27؛ لۇقا 49:23. |
| مار. | 41:15 | لۇقا 2:8، 3. |
| مار. | 42:15 | مات. 57:27؛ لۇقا 50:23؛ يـۇھ. 38:19. |
| مار. | 46:15 | مات. 40:12؛ 12:26؛ 60:27؛ لۇقا 53:23. |
| مار. | 1:16 | مات. 1:28؛ لۇقا 1:24؛ يـۇھ. 1:20. |
| مار. | 5:16 | مات. 2:28؛ يـۇھ. 12:20. |
| مار. | 6:16 | مات. 5:28؛ لۇقا 5:24. |
| مار. | 7:16 | مات. 32:26؛ 10:28؛ مار. 28:14؛ روس. 3:1؛ 31:13؛ 1كور. 5:15. |
| مار. | 8:16 | مات. 8:28؛ لۇقا 9:24؛ يـۇھ. 18:20. |
| مار. | 9:16 | لۇقا 2:8؛ يـۇھ. 14،16:20. |
| مار. | 12:16 | لۇقا 13:24. |
| مار. | 14:16 | لۇقا 36:24؛ يـۇھ. 19:20؛ 1كور. 5:15. |
| مار. | 15:16 | مات. 19:28؛ يـۇھ. 16:15. |
| مار. | 16:16 | يـۇھ. 18:3؛ 48:12. |
| مار. | 17:16 | لۇقا 17:10؛ روس. 4:2؛ 16:5؛ 7:8؛ 46:10؛ 18:16؛ 6،12:19. |
| مار. | 18:16 | لۇقا 19:10؛ روس. 5:28، 8. |
| مار. | 19:16 | لۇقا 50،51:24؛ روس. 9:1. |
| مار. | 20:16 | روس. 2:1؛ 3:14؛ 1تىم. 16:3؛ ئىبر. 4:2. |

# لۇقا

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 5:1 | 1تار. 10:24. |
| لۇقا | 8:1 | 1تار. 24 |
| لۇقا | 9:1 | مىس. 7:30؛ لاۋ. 17:16. |
| لۇقا | 13:1 | لۇقا 1:60. |
| لۇقا | 14:1 | لۇقا 1:58. |
| لۇقا | 15:1 | چۆل. 8:6ـ1؛ هاك. 4:13. |
| لۇقا | 16:1 | مال. 24:3؛ مات. 14:11. |
| لۇقا | 17:1 | مال. 24:3ـ23؛ مات. 2:3؛ مار. 12:9. |
| لۇقا | 18:1 | يار. 17:17. |
| لۇقا | 25:1 | يار. 23:30؛ يەش. 1:4. |
| لۇقا | 26:1ـ27 | مات. 18:1. |
| لۇقا | 31:1 | يەش. 14:7. |
| لۇقا | 32:1 | 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ يەش. 9:6؛ 5:54. |
| لۇقا | 33:1 | 1تار. 10:22؛ زەب. 6:45؛ 36:89؛ يەر. 5:23؛ |
| | | دان. 27:7،14؛ مىك. 7:4؛ ئىبر. 8:1. |
| لۇقا | 37:1 | ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ مات. 26:19؛ لۇقا 27:18. |
| لۇقا | 45:1 | لۇقا 28:11. |
| لۇقا | 50:1 | مىس. 6:20. |
| لۇقا | 51:1 | زەب. 10:33؛ يەش. 9:51؛ 10:52؛ 1پېت. 5:5. |
| لۇقا | 52:1 | 1سام. 8:2؛ زەب. 6:113. |
| لۇقا | 53:1 | زەب. 10:34ـ9 |
| لۇقا | 54:1ـ55 | يەش. 18:30؛ 9:41؛ 5:54؛ يەر. 20:31،2؛ |
| | | يار. 19:17؛ 18:22؛ زەب. 11:132. |
| لۇقا | 58:1 | لۇقا 14:1. |
| لۇقا | 59:1 | يار. 12:17؛ لاۋ. 3:12. |
| لۇقا | 60:1 | لۇقا 13:1 |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 71ـ69:1 | زەب. 17:132؛ زەب. 72:14ـ1؛ يەش. 10:40؛ يەر. 6:23؛ 10:30؛ دان. 27:9. |
| لۇقا | 75ـ72:1 | يار. 16:22؛ زەب. 9:105؛ يەر. 33:31؛ ئىبر. 13،17:6؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 15:1. |
| لۇقا | 76:1 | لۇقا 17:1؛ مال. 23:3. |
| لۇقا | 77:1 | لۇقا 3:3. |
| لۇقا | 79ـ78:1 | يەش. 1:9؛ 7:42؛ 8:43؛ 9:49؛ 1:60. |
| لۇقا | 80:1 | لۇقا 40:2. |
| لۇقا | 4:2 | 1سام. 16؛ مىك. 1:5؛ مات. 1:1؛ يـۇھ. 42:7. |
| لۇقا | 7:2 | مات. 25:1. |
| لۇقا | 13:2 | دان. 10:7؛ ۋەھ. 11:5. |
| لۇقا | 14:2 | يەش. 19:57؛ ئەف. 17:2. |
| لۇقا | 21:2 | يار. 12:17؛ لاۋ. 3:12؛ مات. 21:1؛ لۇقا 31:1؛ يـۇھ. 22:7. |
| لۇقا | 22:2 | لاۋ. 6:12. |
| لۇقا | 23:2 | مىس. 2،12:13؛ چۆل. 13:3؛ 16،17:8. |
| لۇقا | 24:2 | لاۋ. 8:12. |
| لۇقا | 29:2 | يار. 30:46. |
| لۇقا | 30:2 | زەب. 3:98ـ2؛ يەش. 10:52. |
| لۇقا | 31:2 | روس. 28:28. |
| لۇقا | 32:2 | يەش. 6:42؛ 6:49؛ روس. 47:13. |
| لۇقا | 34:2 | يەش. 14:8؛ رىم. 32:9؛ 1پېت. 8:2. |
| لۇقا | 37:2 | 1سام. 22:1. |
| لۇقا | 40:2 | لۇقا 80:1. |
| لۇقا | 41:2 | مىس. 15،17:23؛ لاۋ. 5:23؛ قان. 1:16. |
| لۇقا | 47:2 | مات. 28:7؛ مار. 22:1؛ لۇقا 22،32:4؛ يـۇھ. 15:7. |
| لۇقا | 50:2 | لۇقا 45:9؛ 34:18. |
| لۇقا | 52:2 | 1سام. 26:2؛ لۇقا 80:1. |
| لۇقا | 2:3 | روس. 6:4. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 3:3 | مات. 1:3؛ مار. 4:1. |
| لۇقا | 4:3 | يەش. 5:40ـ3؛ مات. 3:3؛ مار. 3:1؛ يـۇھ. 23:1. |
| لۇقا | 6:3 | زەب. 3:98ـ2؛ يەش. 5:40ـ3؛ 10:52. |
| لۇقا | 7:3 | مات. 7:3؛ 33:23. |
| لۇقا | 8:3 | مات. 9:3؛ يـۇھ. 39:8؛ روس. 26:13. |
| لۇقا | 9:3 | مات. 10:3؛ 19:7. |
| لۇقا | 10:3 | روس. 37:2. |
| لۇقا | 11:3 | ياق. 15:2،13؛ 1يۇھ. 17:3. |
| لۇقا | 16:3 | يەش. 3:44؛ يو. 28:2،27؛ مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 5:1؛ 16:11؛ 4:2؛ 15:11؛ 4:19. |
| لۇقا | 17:3 | مات. 12:3. |
| لۇقا | 19:3 | مات. 3:14؛ مار. 18:6. |
| لۇقا | 21:3 | مات. 13:3؛ مار. 9:1؛ يـۇھ. 32:1. |
| لۇقا | 22:3 | يەش. 1:42؛ مات. 5:17؛ مار. 7:9؛ لۇقا 35:9؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1. |
| لۇقا | 23:3 | مات. 55:13؛ يـۇھ. 42:6. |
| لۇقا | 34:3 | يار. 10:11. |
| لۇقا | 38:3 | يار. 3:5. |
| لۇقا | 1:4 | مات. 1:4؛ مار. 12:1. |
| لۇقا | 2:4 | مىس. 28:34؛ 1پاد. 8:19. |
| لۇقا | 4:4 | قان. 3:8؛ مات. 4:4. |
| لۇقا | 8:4 | قان. 13:6؛ 20:10؛ 1سام. 3:7. |
| لۇقا | 11:4 | زەب. 12:91،11. |
| لۇقا | 12:4 | قان. 16:6. |
| لۇقا | 14:4 | مات. 12:4؛ مار. 14:1؛ يـۇھ. 43:4؛ روس. 37:10. |
| لۇقا | 16:4 | نەھ. 4:8، 5؛ مات. 54:13؛ مار. 1:6؛ يـۇھ. 43:4. |
| لۇقا | 18:4ـ19 | يەش. 7:42؛ 1:61، 2؛ مات. 5:11. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 22:4 | يەش. 4:50؛ مات. 54:13؛ مار. 2:6؛ لۇقا 47:2؛ يـۇھ. 42:6. |
| لۇقا | 23:4 | مات. 13:4. |
| لۇقا | 24:4 | مات. 57:13؛ مار. 4:6؛ يـۇھ. 44:4. |
| لۇقا | 27:4 | 2پاد. 14:5. |
| لۇقا | 31:4 | مات. 13:4؛ مار. 21:1. |
| لۇقا | 32:4 | مات. 29:7؛ مار. 22:1. |
| لۇقا | 33:4 | مار. 23:1. |
| لۇقا | 38:4 | مات. 14:8؛ مار. 29:1. |
| لۇقا | 40:4 | مات. 16:8؛ مار. 32:1؛ 32:7؛ 25:8،23. |
| لۇقا | 41:4 | مار. 34:1؛ 11:3. |
| لۇقا | 42:4 | مار. 35:1. |
| لۇقا | 1:5 | مات. 2:13؛ مار. 1:4. |
| لۇقا | 10:5 | يەر. 16:16؛ ئەز. 9:47؛ مات. 19:4؛ مار. 17:1. |
| لۇقا | 11:5 | مات. 20:4؛ 27:19؛ مار. 28:10؛ لۇقا 28:18. |
| لۇقا | 12:5 | مات. 2:8؛ مار. 40:1. |
| لۇقا | 14:5 | لاۋ. 2:13؛ 2:14؛ مات. 4:8. |
| لۇقا | 18:5 | مات. 1:9؛ مار. 3:2؛ روس. 33:9. |
| لۇقا | 21:5 | زەب. 5:32؛ يەش. 25:43. |
| لۇقا | 27:5 | مات. 9:9؛ مار. 15:2،14. |
| لۇقا | 29:5 | مات. 10:9؛ مار. 15:2؛ لۇقا 1:15. |
| لۇقا | 32:5 | مات. 13:9؛ لۇقا 10:19؛ 1تىم. 15:1. |
| لۇقا | 33:5 | مات. 14:9. |
| لۇقا | 34:5 | يەش. 5:62؛ 2كور. 2:11. |
| لۇقا | 37:5 | مات. 17:9؛ مار. 22:2. |
| لۇقا | 1:6 | قان. 24:23؛ مات. 1:12؛ مار. 23:2. |
| لۇقا | 2:6 | مىس. 10:20. |
| لۇقا | 5:6 | مات. 8:12؛ مار. 28:2. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 6:6 | مات. 9:12؛ مار. 1:3. |
| لۇقا | 10:6 | 1پاد. 6:13. |
| لۇقا | 13:6 | مات. 1:10؛ مار. 13:3؛ 7:6؛ لۇقا 1:9. |
| لۇقا | 17:6 | مات. 25:4؛ مار. 7:3. |
| لۇقا | 19:6 | مار. 30:5. |
| لۇقا | 20:6 | مات. 2:5. |
| لۇقا | 21:6 | يەش. 3:61؛ 13:65؛ 10:66. |
| لۇقا | 22:6 | مات. 11:5؛ 1پېت. 19:2؛ 14:3؛ 14:4. |
| لۇقا | 23:6 | روس. 41:5؛ 51:7. |
| لۇقا | 24:6 | ئام. 1:6، 8. |
| لۇقا | 25:6 | يەش. 13:65؛ ياق. 9:4؛ 1:5. |
| لۇقا | 27:6 | مىس. 4:23؛ پەند. 21:25؛ مات. 5:44؛ رىم. 12:20؛ 1كور. 4:12. |
| لۇقا | 28:6 | لۇقا 34:23؛ روس. 60:7. |
| لۇقا | 29:6 | 1كور. 7:6. |
| لۇقا | 30:6 | قان. 7:15؛ مات. 42:5. |
| لۇقا | 31:6 | مات. 12:7. |
| لۇقا | 32:6 | مات. 46:5. |
| لۇقا | 34:6 | قان. 8:15؛ مات. 42:5. |
| لۇقا | 35:6 | مات. 45:5. |
| لۇقا | 37:6 | مات. 1:7؛ رىم. 1:2؛ 1كور. 5:4. |
| لۇقا | 38:6 | پەند. 22:10؛ 17:19؛ مات. 2:7؛ مار. 24:4. |
| لۇقا | 39:6 | يەش. 19:42؛ مات. 14:15. |
| لۇقا | 40:6 | مات. 24:10؛ يۇھ. 16:13؛ 20:15. |
| لۇقا | 41:6 | مات. 3:7. |
| لۇقا | 43:6 | مات. 17:7؛ 33:12. |
| لۇقا | 44:6 | مات. 16:7. |
| لۇقا | 45:6 | مات. 35:12. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 46:6 | مال. 6:1؛ مات. 21:7؛ 11:25؛ لۇقا 25:13؛ رىم. 13:2؛ ياق. 22:1. |
| لۇقا | 47:6 | مات. 24:7. |
| لۇقا | 14:7 | روس. 40:9. |
| لۇقا | 16:7 | لۇقا 68:1؛ 19:24؛ يـۇھ. 19:4؛ 14:6؛ 17:9. |
| لۇقا | 18:7 | مات. 2:11. |
| لۇقا | 22:7 | يەش. 18:29؛ 5:35؛ 1:61. |
| لۇقا | 24:7 | مات. 7:11. |
| لۇقا | 27:7 | مىس. 20:23؛ مال. 1:3؛ مار. 2:1. |
| لۇقا | 31:7 | مات. 16:11. |
| لۇقا | 33:7 | مات. 4:3؛ مار. 6:1. |
| لۇقا | 36:7 | مات. 6:26؛ مار. 3:14؛ يـۇھ. 2:11؛ 2:12. |
| لۇقا | 48:7 | مات. 2:9. |
| لۇقا | 49:7 | مات. 3:9. |
| لۇقا | 2:8 | مات. 56:27،55. |
| لۇقا | 4:8 | مات. 3:13؛ مار. 2:4. |
| لۇقا | 9:8 | مات. 10:13؛ مار. 10:4. |
| لۇقا | 10:8 | زەب. 4:25، 9، 14؛ 2:78ـ1؛ يەش. 10:6ـ9؛ ئەز. 2:12؛ مات. 25:11؛ 14:13؛ مار. 12:4؛ يـۇھ. 40:12؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11؛ 2كور. 5:3، 14. |
| لۇقا | 11:8 | مات. 18:13؛ مار. 13:4. |
| لۇقا | 13:8 | مات. 20:13؛ مار. 16:4. |
| لۇقا | 14:8 | مات. 23:19؛ مار. 23:10؛ لۇقا 24:18؛ 1تىم. 9:6. |
| لۇقا | 16:8 | مات. 15:5؛ مار. 21:4؛ لۇقا 33:11. |
| لۇقا | 17:8 | ئايۇپ 22:12؛ مات. 26:10؛ مار. 22:4؛ لۇقا 2:12. |
| لۇقا | 18:8 | مات. 12:13؛ 29:25؛ مار. 25:4؛ لۇقا 26:19. |
| لۇقا | 19:8 | مات. 46:12؛ 55:13؛ مار. 31:3. |
| لۇقا | 21:8 | يـۇھ. 14:15؛ 2كور. 16:5. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 22:8 | مات. 23:8؛ مار. 35،36:4. |
| لۇقا | 25:8 | ئايۇپ 12:26؛ زەب. 25:107. |
| لۇقا | 26:8 | مات. 28:8؛ مار. 1:5. |
| لۇقا | 37:8 | روس. 39:16. |
| لۇقا | 38:8 | مار. 18:5. |
| لۇقا | 41:8 | مات. 18:9؛ مار. 22:5. |
| لۇقا | 43:8 | لاۋ. 25:15؛ مات. 20:9؛ مار. 25:5. |
| لۇقا | 49:8 | مار. 35:5. |
| لۇقا | 52:8 | يـۇھ. 11:11. |
| لۇقا | 1:9 | مات. 1:10؛ مار. 13:3؛ 7:6؛ لۇقا 13:6. |
| لۇقا | 2:9 | مات. 7:10. |
| لۇقا | 3:9 | مات. 9:10؛ مار. 8:6؛ لۇقا 35:22. |
| لۇقا | 5:9 | مات. 14:10؛ مار. 11:6؛ لۇقا 11:10؛ روس. 51:13؛ 6:18. |
| لۇقا | 7:9 | مات. 1:14؛ مار. 14:6. |
| لۇقا | 10:9 | مات. 13:14؛ مار. 30،31،32:6. |
| لۇقا | 12:9 | مات. 15:14؛ مار. 35:6؛ يـۇھ. 5:6. |
| لۇقا | 13:9 | مات. 16:14؛ مار. 37:6؛ يـۇھ. 9:6. |
| لۇقا | 16:9 | 1سام. 13:9. |
| لۇقا | 18:9 | مات. 13:16؛ مار. 27:8. |
| لۇقا | 19:9 | مات. 2:14. |
| لۇقا | 22:9 | مات. 21:16؛ 22:17؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 31:18؛ 7:24. |
| لۇقا | 23:9 | مات. 38:10؛ 24:16؛ مار. 34:8؛ لۇقا 27:14. |
| لۇقا | 24:9 | مات. 39:10؛ 25:16؛ مار. 35:8؛ لۇقا 33:17؛ يـۇھ. 25:12. |
| لۇقا | 26:9 | مات. 33:10؛ مار. 38:8؛ لۇقا 9:12؛ 2تىم. 12:2؛ 1يۇھ. 23:2. |
| لۇقا | 27:9 | مات. 28:16؛ مار. 1:9. |
| لۇقا | 28:9 | مات. 1:17؛ مار. 2:9. |
| لۇقا | 35:9 | قان. 19:18؛ يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ روس. 22:3؛ كول. 13:1؛ 2پېت. 17:1. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 37:9 | مات. 14:17؛ مار. 17:9. |
| لۇقا | 44:9 | مات. 22:17؛ مار. 31:9. |
| لۇقا | 45:9 | لۇقا 50:2؛ 34:18. |
| لۇقا | 46:9 | مات. 1:18؛ مار. 33:9؛ لۇقا 24:22. |
| لۇقا | 48:9 | مات. 5:18؛ 11:23؛ مار. 37:9؛ لۇقا 16:10؛ 11:14؛ 14:18؛ يـۇھ. 20:13. |
| لۇقا | 49:9 | مار. 38:9. |
| لۇقا | 50:9 | مات. 30:12؛ لۇقا 23:11. |
| لۇقا | 51:9 | مار. 19:16؛ روس. 2:1؛ 1تىم. 16:3. |
| لۇقا | 53:9 | يـۇھ. 9:4. |
| لۇقا | 56:9 | يـۇھ. 17:3؛ 47:12. |
| لۇقا | 57:9 | مات. 19:8. |
| لۇقا | 59:9 | مات. 21:8. |
| لۇقا | 60:9 | مات. 22:8. |
| لۇقا | 62:9 | پەند. 11:26؛ فىل. 14:3؛ ئىبر. 5:6؛ 2پېت. 20:2. |
| لۇقا | 2:10 | مات. 37:9؛ يـۇھ. 35:4؛ 2تېـس. 1:3. |
| لۇقا | 3:10 | مات. 16:10. |
| لۇقا | 4:10 | 2پاد. 29:4؛ مات. 9:10؛ مار. 8:6؛ لۇقا 3:9؛ 35:22. |
| لۇقا | 5:10 | مات. 12:10؛ مار. 10:6. |
| لۇقا | 7:10 | لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ مات. 10:10؛ 1كور. 4،14:9؛ 27:10؛ 1تىم. 18:5. |
| لۇقا | 10:10 | مات. 14:10؛ مار. 11:6؛ لۇقا 5:9. |
| لۇقا | 11:10 | روس. 51:13؛ 6:18. |
| لۇقا | 16:10 | مات. 40:10؛ مار. 37:9؛ يـۇھ. 20:13. |
| لۇقا | 18:10 | ۋەھ. 8:12، 9. |
| لۇقا | 19:10 | مار. 18:16؛ روس. 5:28. |
| لۇقا | 20:10 | مىس. 32:32؛ يەش. 3:4؛ دان. 1:12؛ فىل. 3:4. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 21:10 | ئايۇپ 12:5؛ يەش. 14:29؛ مات. 25:11؛ 1كور. 19:1؛ 2:7، 8؛ 2كور. 14:3. |
| لۇقا | 22:10 | زەب. 8:6ـ5؛ يـۇھ. 18:1؛ 35:3؛ 44:6، 45؛ 2:17؛ 1كور. 27:15؛ فىل. 10:2؛ ئىبر. 8:2. |
| لۇقا | 23:10 | مات. 16:13. |
| لۇقا | 24:10 | 1پېت. 10:1. |
| لۇقا | 27:10 | لاۋ. 18:19؛ قان. 5:6؛ 12:10؛ 6:30؛ رىم. 9:13؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2. |
| لۇقا | 9:11 | مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ يـۇھ. 13:14؛ 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1، 6؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5. |
| لۇقا | 11:11 | مات. 9:7. |
| لۇقا | 14:11 | مات. 32:9؛ 22:12. |
| لۇقا | 15:11 | مات. 34:9؛ 24:12؛ مار. 22:3. |
| لۇقا | 17:11 | مات. 25:12؛ مار. 24:3. |
| لۇقا | 24:11 | مات. 43:12. |
| لۇقا | 26:11 | يـۇھ. 14:5؛ ئىبر. 4:6، 5؛ 26:10؛ 2پېت. 20:2. |
| لۇقا | 28:11 | مات. 21:7؛ يـۇھ. 29:6؛ رىم. 13:2. |
| لۇقا | 29:11 | يۇن. 11:2،1. |
| لۇقا | 31:11 | 1پاد. 1:10؛ 2تار. 1:9؛ مات. 42:12. |
| لۇقا | 32:11 | يۇن. 5:3. |
| لۇقا | 33:11 | مات. 15:5؛ مار. 24:4؛ لۇقا 16:8. |
| لۇقا | 34:11 | مات. 22:6. |
| لۇقا | 39:11 | مات. 25:23؛ تىت. 15:1. |
| لۇقا | 41:11 | يەش. 7:58؛ دان. 24:4؛ لۇقا 33:12. |
| لۇقا | 42:11 | 1سام. 22:15؛ ھوش. 6:6؛ مىك. 8:6؛ مات. 13:9؛ 7:12؛ 23:23. |
| لۇقا | 43:11 | مات. 6:23؛ مار. 38:12؛ لۇقا 46:20. |
| لۇقا | 44:11 | مات. 27:23. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 46:11 | يەش. 1:10؛ مات. 4:23؛ روس. 10:15. |
| لۇقا | 47:11 | مات. 29:23. |
| لۇقا | 49:11 | مات. 16:10؛ لۇقا 3:10؛ يـۇھ. 2:16؛ روس. 51:7؛ ئىبر. 35:11. |
| لۇقا | 50:11ـ51 | يار. 8:4؛ 2تار. 21:24؛ ئىبر. 4:11. |
| لۇقا | 52:11 | مات. 13:23. |
| لۇقا | 1:12 | مات. 16:16؛ مار. 15:8. |
| لۇقا | 2:12 | ئايۇپ 22:12؛ مات. 26:10؛ مار. 22:4؛ لۇقا 17:8. |
| لۇقا | 4:12 | يەش. 7:51؛ يەر. 8:1؛ مات. 28:10. |
| لۇقا | 6:12 | مات. 29:10. |
| لۇقا | 7:12 | 1سام. 45:14؛ 2سام. 11:14؛ 1پاد. 52:1؛ لۇقا 18:21. |
| لۇقا | 8:12 | مات. 32:10. |
| لۇقا | 9:12 | مات. 33:10؛ مار. 38:8؛ لۇقا 26:9؛ 2تىم. 12:2؛ 1يۇھ. 23:2. |
| لۇقا | 10:12 | 1يۇھ. 16:5. |
| لۇقا | 11:12 | مات. 19:10؛ مار. 11:13؛ لۇقا 14:21. |
| لۇقا | 15:12 | 1تىم. 7:6. |
| لۇقا | 19:12 | توپ. 9:11؛ 1كور. 32:15؛ ياق. 5:5. |
| لۇقا | 20:12 | زەب. 6:39؛ زەب. 7:52؛ توپ. 18:2، 19؛ يەر. 11:17. |
| لۇقا | 22:12 | زەب. 22:55؛ مات. 25:6؛ فىل. 6:4؛ 1تىم. 8:6؛ 1پېت. 7:5. |
| لۇقا | 24:12 | ئايۇپ 41:38؛ زەب. 9:147. |
| لۇقا | 25:12 | مات. 27:6. |
| لۇقا | 31:12 | 1تار. 13:3؛ زەب. 25:37. |
| لۇقا | 33:12 | مات. 20:6؛ 21:19؛ لۇقا 9:16؛ 1تىم. 19:6. |
| لۇقا | 35:12 | ئەف. 14:6؛ 1پېت. 13:1. |
| لۇقا | 38:12 | مات. 42:24. |
| لۇقا | 39:12 | مات. 43:24؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 40:12 | مات. 44:24؛ 13:25؛ مار. 33:13؛ لۇقا 34:21؛ 1تېس. 6:5. |
| لۇقا | 42:12 | مات. 45:24؛ 21:25؛ 1كور. 2:4. |
| لۇقا | 47:12 | ياق. 17:4. |
| لۇقا | 50:12 | مات. 22:20؛ مار. 38:10؛ ئەف. 5:4 |
| لۇقا | 51:12 | مات. 34:10. |
| لۇقا | 53:12 | مىك. 6:7 |
| لۇقا | 57:12 | مات. 26:5ـ25 |
| لۇقا | 14:13 | مىس. 9:20؛ قان. 13:5؛ ئەز. 12:20. |
| لۇقا | 15:13 | مىس. 5:23؛ قان. 4:22؛ لۇقا 5:14. |
| لۇقا | 18:13 | مات. 31:13؛ مار. 30:4. |
| لۇقا | 20:13ـ21 | مات. 33:13. |
| لۇقا | 22:13 | مات. 35:9؛ مار. 6:6. |
| لۇقا | 24:13 | مات. 13:7. |
| لۇقا | 25:13 | مات. 12:25،11؛ لۇقا 46:6. |
| لۇقا | 27:13 | زەب. 8:6؛ مات. 23:7؛ 12،41:25. |
| لۇقا | 28:13 | مات. 11:8، 12؛ 42:13؛ 51:24. |
| لۇقا | 29:13 | يەش. 2:2؛ مال. 11:1؛ مات. 11:8. |
| لۇقا | 30:13 | مات. 30:19؛ 16:20؛ مار. 31:10. |
| لۇقا | 34:13 | زەب. 8:17؛ 4:91؛ مات. 37:23. |
| لۇقا | 35:13 | زەب. 25:69؛ 26:118؛ يەش. 7:1؛ يەر. 34:7؛ مىك. 12:3؛ مات. 38:23؛ روس. 20:1. |
| لۇقا | 5:14 | مىس. 5:23؛ قان. 4:22؛ لۇقا 15:13. |
| لۇقا | 10:14 | پەند. 6:25، 7. |
| لۇقا | 11:14 | ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 51:1؛ 14:18؛ ياق. 6،10:4؛ 1پېت. 5:5. |
| لۇقا | 12:14 | نەھ. 10:8؛ پەند. 28:3. |
| لۇقا | 16:14 | يەش. 6:25؛ مات. 2:22؛ ۋەھ. 7:19، 9. |
| لۇقا | 26:14 | قان. 7:13؛ 9:33؛ مات. 37:10. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 27:14 | مات. 38:10؛ 24:16؛ مار. 34:8؛ لۇقا 23:9. |
| لۇقا | 34:14 | مات. 13:5؛ مار. 50:9. |
| لۇقا | 1:15 | مات. 10:9؛ مار. 15:2؛ لۇقا 29:5. |
| لۇقا | 7:15 | لۇقا 32:5. |
| لۇقا | 20:15 | روس. 39:2؛ ئەف. 12:2،17. |
| لۇقا | 9:16 | مات. 19:6؛ 21:19؛ 1تىم. 19:6. |
| لۇقا | 13:16 | مات. 24:6. |
| لۇقا | 14:16 | مات. 14:23. |
| لۇقا | 15:16 | 1سام. 7:16؛ زەب. 9:7 |
| لۇقا | 16:16 | مات. 13:11،12. |
| لۇقا | 17:16 | زەب. 27:102ـ25؛ يەش. 8:40؛ 6:51؛ مات. 18:5. |
| لۇقا | 18:16 | مات. 32:5؛ 9:19؛ مار. 11:10؛ 1كور. 10:7. |
| لۇقا | 25:16 | ئايۇپ 13:21. |
| لۇقا | 29:16 | يەش. 20:8؛ 16:34؛ يـۇھ. 39:5؛ روس. 11:17. |
| لۇقا | 1:17 | مات. 7:18؛ مار. 42:9. |
| لۇقا | 3:17 | لاۋ. 17:19؛ پەند. 10:17؛ مات. 15:18؛ ياق. 19:5. |
| لۇقا | 4:17 | مات. 21:18. |
| لۇقا | 6:17 | مات. 20:17؛ 21:21؛ مار. 23:11. |
| لۇقا | 14:17 | لاۋ. 2:13؛ 2:14؛ مات. 4:8؛ لۇقا 14:5. |
| لۇقا | 21:17 | مات. 23:24؛ مار. 21:13؛ لۇقا 7:21، 8. |
| لۇقا | 23:17 | مات. 23:24؛ مار. 21:13. |
| لۇقا | 25:17 | مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 6:24، 7 |
| لۇقا | 26:17 | يار. 2:6؛ 7:7؛ مات. 38:24،37؛ 1پېت. 20:3. |
| لۇقا | 29:17 | يار. 24:19؛ قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 40:50؛ هوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ يەھ. 7. |
| لۇقا | 32:17 | يار. 17:19ـ15، 26. |
| لۇقا | 33:17 | مات. 39:10؛ 25:16؛ مار. 35:8؛ لۇقا 24:9؛ يـۇھ. 25:12. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 34:17 | مات. 41:24،40؛ 1تېس. 17:4. |
| لۇقا | 37:17 | ئايۇپ 30:39؛ مات. 28:24. |
| لۇقا | 1:18 | رىم. 12:12؛ ئەف. 18:6؛ كول. 2:4؛ 1تېس. 17:5. |
| لۇقا | 7:18 | ۋەھ. 10:6. |
| لۇقا | 11:18 | يەش. 15:1؛ 2:58؛ ۋەھ. 18:3،17. |
| لۇقا | 14:18 | ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 11:14؛ ياق. 10:4،6؛ 1پېت. 5:5. |
| لۇقا | 15:18 | مات. 13:19؛ مار. 13:10. |
| لۇقا | 16:18 | مات. 3:18؛ 14:19؛ 1كور. 20:14؛ 1پېت. 2:2. |
| لۇقا | 18:18 | مات. 16:19؛ مار. 17:10. |
| لۇقا | 20:18 | مىس. 16:20ـ12؛ قان. 20:5ـ17؛ رىم. 9:13؛ ئەف. 2:6؛ كول. 20:3. |
| لۇقا | 22:18 | مات. 19:6؛ 21:19؛ 1تىم. 19:6. |
| لۇقا | 24:18 | پەند. 28:11؛ مات. 23:19؛ مار. 23:10. |
| لۇقا | 27:18 | ئايۇپ 2:42؛ يەر. 17:32؛ زەك. 6:8؛ لۇقا 37:1. |
| لۇقا | 28:18 | مات. 20:4؛ 27:19؛ مار. 28:10؛ لۇقا 11:5. |
| لۇقا | 29:18 | قان. 9:33. |
| لۇقا | 30:18 | ئايۇپ 12:42. |
| لۇقا | 31:18 | زەب. 22؛ يەش. 7:53؛ مات. 21:16؛ 22:17؛ 17:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 32:10؛ لۇقا 22:9؛ 7:24. |
| لۇقا | 32:18 | مات. 2:27؛ لۇقا 1:23؛ يـۇھ. 28:18؛ روس. 13:3. |
| لۇقا | 35:18 | مات. 29:20؛ مار. 46:10. |
| لۇقا | 9:19 | لۇقا 16:13. |
| لۇقا | 10:19 | مات. 6:10؛ 24:15؛ 11:18؛ روس. 46:13. |
| لۇقا | 12:19 | مات. 14:25؛ مار. 34:13. |
| لۇقا | 22:19 | 2سام. 16:1؛ مات. 37:12. |
| لۇقا | 26:19 | مات. 12:13؛ 29:25؛ مار. 25:4؛ لۇقا 18:8. |
| لۇقا | 29:19 | مات. 1:21؛ مار. 1:11. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 35:19 | يـۇھ. 14:12. |
| لۇقا | 37:19ـ38 | زەب. 26:118؛ لۇقا 14:2؛ ئەف. 14:2. |
| لۇقا | 40:19 | هاب. 11:2. |
| لۇقا | 44:19 | 1پاد. 7:9، 8؛ مىك. 12:3؛ مات. 1:24، 2؛ مار. 2:13؛ لۇقا 6:21. |
| لۇقا | 46:19 | 1پاد. 29:8؛ يەش. 7:56؛ يەر. 11:7؛ مات. 13:21؛ مار. 17:11. |
| لۇقا | 47:19 | مار. 18:11؛ يـۇھ. 19:7؛ 37:8. |
| لۇقا | 1:20 | مات. 23:21؛ مار. 27:11؛ روس. 7:4؛ 27:7. |
| لۇقا | 9:20 | زەب. 9:80ـ8؛ يەش. 1:5؛ يەر. 21:2؛ 10:12؛ مات. 33:21؛ مار. 1:12. |
| لۇقا | 14:20 | يار. 18:37؛ زەب. 1:2، 8؛ مات. 3:26؛ 1:27؛ يـۇھ. 53:11؛ ئىبر. 2:1. |
| لۇقا | 17:20 | زەب. 22:118؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛ مات. 42:21؛ مار. 10:12؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 4:2، 7. |
| لۇقا | 18:20 | يەش. 15:8؛ دان. 34:2؛ زەك. 3:12. |
| لۇقا | 20:20 | مات. 16:22؛ مار. 13:12. |
| لۇقا | 25:20 | مات. 25:17؛ 21:22؛ رىم. 7:13. |
| لۇقا | 27:20 | مات. 23:22؛ مار. 18:12؛ روس. 8:23. |
| لۇقا | 28:20 | قان. 6:25ـ5. |
| لۇقا | 36:20 | 1يۇھ. 2:3. |
| لۇقا | 37:20 | مىس. 6:3؛ روس. 32:7؛ ئىبر. 16:11. |
| لۇقا | 41:20 | مات. 42:22؛ مار. 35:12. |
| لۇقا | 42:20ـ43 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئىبر. 13:1؛ 13:10. |
| لۇقا | 46:20 | مات. 5:23، 6؛ مار. 38:12، 39؛ لۇقا 43:11. |
| لۇقا | 47:20 | مات. 14:23؛ مار. 40:12؛ 2تىم. 6:3؛ تىت. 11:1. |
| لۇقا | 1:21 | 2پاد. 10:12؛ مار. 41:12. |
| لۇقا | 3:21 | 2كور. 12:8. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 5:21 | مات. 1:24؛ مار. 1:13. |
| لۇقا | 6:21 | 1پاد. 7:9؛ مىك. 12:3؛ لۇقا 44:19. |
| لۇقا | 8:21 | يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ ئەف. 6:5؛ كول. 18:2؛ 2تېـس. 2:2؛ 1يۇھ. 1:4. |
| لۇقا | 10:21 | يەش. 2:19. |
| لۇقا | 12:21 | مات. 17:10؛ 9:24؛ مار. 9:13؛ يـۇھ. 2:16؛ روس. 3:4؛ 18:5؛ 4:12؛ 24:16؛ ۋەھ. 10:2. |
| لۇقا | 14:21 | مات. 19:10؛ مار. 11:13. |
| لۇقا | 15:21 | مىس. 12:4؛ يەش. 17:54؛ مات. 19:10؛ روس. 10:6. |
| لۇقا | 16:21 | مىك. 6:7؛ روس. 59:7؛ 2:12. |
| لۇقا | 17:21 | مات. 22:10؛ مار. 13:13. |
| لۇقا | 18:21 | 1سام. 45:14؛ 2سام. 11:14؛ 1پاد. 52:1؛ مات. 30:10. |
| لۇقا | 20:21 | دان. 27:9؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13. |
| لۇقا | 22:21 | دان. 27:9،26؛ مات. 15:24؛ مار. 14:13. |
| لۇقا | 24:21 | رىم. 25:11. |
| لۇقا | 25:21 | يەش. 10:13؛ ئەز. 7:32؛ يو. 4:3؛ 15:3؛ مات. 29:24؛ مار. 24:13؛ ۋەھ. 12:6. |
| لۇقا | 27:21 | دان. 10:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ 31:25؛ 64:26؛ مار. 26:13؛ 62:14؛ روس. 11:1؛ 2تېـس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1. |
| لۇقا | 28:21 | رىم. 23:8. |
| لۇقا | 29:21 | مات. 32:24؛ مار. 28:13. |
| لۇقا | 33:21 | زەب. 27:102ـ25؛ يەش. 6:51؛ مات. 35:24؛ ئىبر. 11:1. |
| لۇقا | 34:21 | رىم. 13:13؛ 1تېس. 6:5؛ 1پېت. 7:4. |
| لۇقا | 35:21 | 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16. |
| لۇقا | 36:21 | مات. 42:24؛ 13:25؛ مار. 33:13؛ لۇقا 40:12؛ 1تېس. 6:5. |
| لۇقا | 37:21 | يـۇھ. 2:8. |
| لۇقا | 1:22 | مىس. 15:12؛ مات. 2:26؛ مار. 1:14. |
| لۇقا | 2:22 | زەب. 2:2؛ يـۇھ. 47:11؛ روس. 27:4. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 3:22 | مات. 14:26؛ مار. 10:14؛ يـۇھ. 27:13. |
| لۇقا | 7:22 | مات. 17:26؛ مار. 12،13:14. |
| لۇقا | 14:22 | مات. 20:26؛ مار. 17:14. |
| لۇقا | 19:22 | مات. 26:26؛ مار. 22:14؛ 1كور. 23،24:11. |
| لۇقا | 21:22 | مات. 23:26؛ مار. 18:14؛ يـۇھ. 21:13. |
| لۇقا | 22:22 | زەب. 9:41؛ يـۇھ. 18:13؛ روس. 6:1. |
| لۇقا | 25:22 | مات. 25:20؛ مار. 42:10. |
| لۇقا | 26:22 | لۇقا 48:9؛ 1پېت. 3:5. |
| لۇقا | 27:22 | مات. 28:20؛ يـۇھ. 14:13؛ فىل. 7:2. |
| لۇقا | 29:22 | لۇقا 32:12. |
| لۇقا | 30:22 | مات. 28:19؛ ۋەھ. 21:3. |
| لۇقا | 31:22 | 1پېت. 8:5. |
| لۇقا | 34:22 | مات. 34:26؛ مار. 30:14؛ يـۇھ. 38:13. |
| لۇقا | 35:22 | مات. 9:10؛ مار. 8:6؛ لۇقا 3:9. |
| لۇقا | 37:22 | يەش. 12:53؛ مار. 28:15. |
| لۇقا | 39:22 | مات. 36:26؛ مار. 32:14؛ يـۇھ. 1:8؛ 1:18. |
| لۇقا | 41:22 | مات. 39:26؛ مار. 35:14. |
| لۇقا | 44:22 | يـۇھ. 27:12؛ ئىبر. 7:5. |
| لۇقا | 47:22 | مات. 47:26؛ مار. 43:14؛ يـۇھ. 3:18. |
| لۇقا | 50:22 | مات. 51:26؛ مار. 47:14. |
| لۇقا | 52:22 | مات. 55:26؛ مار. 48:14. |
| لۇقا | 54:22 | مات. 57:26؛ مار. 53:14؛ يـۇھ. 12،24:18. |
| لۇقا | 55:22 | مات. 69:26؛ مار. 54،66:14؛ يـۇھ. 16،25:18. |
| لۇقا | 61:22 | مات. 34،75:26؛ مار. 72:14؛ يـۇھ. 38:13؛ 27:18. |
| لۇقا | 63:22 | ئايۇپ 10:16؛ يەش. 6:50؛ مات. 67:26؛ مار. 6:14؛ يـۇھ. 3:19. |
| لۇقا | 66:22 | زەب. 2:2؛ مات. 1:27؛ مار. 1:15؛ يـۇھ. 28:18. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 69:22 | دان. 9:7؛ مات. 27:16؛ 30:24؛ 31:25؛ 64:26؛ مار. 62:14؛ روس. 1:11؛ 1تېس. 1:10؛ ۋەھ. 1:7. |
| لۇقا | 1:23 | مات. 2:27؛ مار. 1:15؛ يـۇھ. 28:18. |
| لۇقا | 2:23 | مات. 25:17؛ 21:22؛ مار. 17:12؛ لۇقا 25:20؛ روس. 7:17؛ رىم. 7:13. |
| لۇقا | 3:23 | مات. 11:27؛ مار. 2:15؛ يـۇھ. 33:18. |
| لۇقا | 7:23 | لۇقا 1:3. |
| لۇقا | 8:23 | لۇقا 7:9. |
| لۇقا | 12:23 | روس. 27:4. |
| لۇقا | 13:23 | مات. 23:27؛ مار. 14:15؛ يـۇھ. 38:18؛ 4:19. |
| لۇقا | 17:23 | مات. 15:27؛ مار. 6:15؛ يـۇھ. 39:18. |
| لۇقا | 18:23 | روس. 14:3. |
| لۇقا | 24:23 | مات. 26:27؛ مار. 15:15؛ يـۇھ. 16:19. |
| لۇقا | 30:23 | يەش. 19:2؛ هوش. 8:10؛ ۋەھ. 16:6؛ 6:9. |
| لۇقا | 31:23 | يەر. 29:25؛ 1پېت. 17:4. |
| لۇقا | 32:23 | يـۇھ. 18:19. |
| لۇقا | 33:23 | مات. 33،38:27؛ مار. 22:15؛ يـۇھ. 18:19. |
| لۇقا | 34:23 | زەب. 18:22؛ مات. 35:27؛ مار. 24:15؛ يـۇھ. 23:19؛ روس. 60:7؛ 1كور. 12:4. |
| لۇقا | 38:23 | مات. 37:27؛ مار. 26:15؛ يـۇھ. 19:19. |
| لۇقا | 44:23 | مات. 45:27؛ مار. 33:15. |
| لۇقا | 45:23 | مات. 51:27؛ مار. 38:15. |
| لۇقا | 46:23 | زەب. 5:31؛ مات. 50:27؛ مار. 37:15؛ يـۇھ. 30:19؛ روس. 59:7. |
| لۇقا | 47:23 | مات. 54:27؛ مار. 39:15. |
| لۇقا | 51-50:23 | مات. 57:27؛ مار. 43:15؛ يـۇھ. 38:19. |
| لۇقا | 53:23 | مات. 40:12؛ 12:26؛ 59:27؛ مار. 46:15؛ يەش.9:53 |
| لۇقا | 55:23 | لۇقا 2:8. |

| | | |
|---|---|---|
| لۇقا | 1:24 | مات. 1:28؛ مار. 1:16؛ يـۇھ. 1:20. |
| لۇقا | 6:24ـ7 | مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18. |
| لۇقا | 8:24 | يـۇھ. 22:2. |
| لۇقا | 9:24 | مات. 8:28؛ مار. 10:16. |
| لۇقا | 12:24 | يـۇھ. 3:20، 6. |
| لۇقا | 13:24 | مار. 12:16. |
| لۇقا | 15:24 | مات. 20:18؛ لۇقا 36:24. |
| لۇقا | 19:24 | لۇقا 16:7؛ يـۇھ. 19:4؛ 14:6. |
| لۇقا | 21:24 | روس. 6:1. |
| لۇقا | 22:24 | مات. 8:28؛ مار. 10:16؛ يـۇھ. 18:20. |
| لۇقا | 26:24 | يەش. 6:50؛ 5:53؛ فىل. 7:2؛ ئىبر. 2:12؛ 1پېت. 11:1. |
| لۇقا | 27:24 | يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ زەب. 11:132؛ يەش. 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 25:37ـ24؛ دان. 24:9؛ مىك. 20:7. |
| لۇقا | 29:24 | يار. 3:19؛ روس. 15:16؛ ئىبر. 2:13. |
| لۇقا | 36:24 | مار. 14:16؛ يـۇھ. 19:20؛ 1كور. 5:15. |
| لۇقا | 41:24 | يـۇھ. 10:21. |
| لۇقا | 44:24 | مات. 21:16؛ 22:17؛ 18:20؛ مار. 31:8؛ 31:9؛ 33:10؛ لۇقا 22:9؛ 31:18؛ 6:24. |
| لۇقا | 46:24 | زەب. 10:16؛ 6:22. 22؛ روس. 3:17. |
| لۇقا | 47:24 | روس. 38:13؛ 1يۇھ. 12:2. |
| لۇقا | 49:24 | يـۇھ. 26:14؛ 26:15؛ 7:16؛ روس. 4:1. |
| لۇقا | 50:24 | روس. 12:1. |
| لۇقا | 51:24 | مار. 19:16 روس. 9:1. |

# يۇھاننا

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 1:1 | پەند. 22:8؛ كول. 17:1؛ 1يۇھ. 1:1، 2. |
| يـۇھ. | 2:1 | يـۇھ. 5:17. |
| يـۇھ. | 3:1 | يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ ئەف. 9:3؛ كول. 16:1؛ ئىبر. 2:1. |
| يـۇھ. | 4:1 | يـۇھ. 26:5؛ 12:8؛ 5:9؛ 46:12؛ 1يۇھ. 5:1؛ 11:2ـ8؛ 11:5. |
| يـۇھ. | 5:1 | يـۇھ. 19:3. |
| يـۇھ. | 6:1 | مال. 1:3؛ مات. 1:3؛ مار. 2:1، 4؛ لۇقا 3:3؛ 27:7؛ يـۇھ. 33:1. |
| يـۇھ. | 9:1 | يـۇھ. 12:8؛ 5:9؛ 46:12. |
| يـۇھ. | 10:1 | ئىبر. 2:1؛ 3:11. |
| يـۇھ. | 12:1 | يەش. 5:56؛ رىم. 15:8؛ گال. 26:3؛ 2پېت. 4:1؛ 1يۇھ. 1:3. |
| يـۇھ. | 14:1 | يەش. 14:7؛ مات. 16:1؛ 2:17؛ لۇقا 31:1؛ 7:2؛ كول. 19:1؛ 9:2؛ 2پېت. 17:1. |
| يـۇھ. | 15:1 | مات. 11:3؛ مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 30:1،26. |
| يـۇھ. | 16:1 | كول. 10:2. |
| يـۇھ. | 17:1 | مىس. 1:20. |
| يـۇھ. | 18:1 | مىس. 20:33؛ قان. 12:4؛ مات. 27:11؛ يـۇھ. 46:6؛ 1تىم. 16:6؛ 1يۇھ. 12:4. |
| يـۇھ. | 19:1 | يـۇھ. 33:5. |
| يـۇھ. | 20:1 | يـۇھ. 28:3؛ روس. 25:13. |
| يـۇھ. | 23:1 | يەش. 3:40؛ مات. 3:3؛ مار. 3:1؛ لۇقا 4:3. |
| يـۇھ. | 24:1ـ25 | قان. 18:18. |
| يـۇھ. | 26:1 | مات. 11:3؛ مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ روس. 5:1؛ 16:11؛ 4:19. |
| يـۇھ. | 29:1 | يەش. 5:53، 7؛ يـۇھ. 36:1. |
| يـۇھ. | 32:1 | مات. 16:3؛ مار. 10:1؛ لۇقا 22:3. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 36:1 | يەش. 7:53؛ يـۇھ. 1:29؛ روس. 32:8 |
| يـۇھ. | 42:1 | مات. 18:16. |
| يـۇھ. | 44:1 | يـۇھ. 21:12. |
| يـۇھ. | 45:1 | يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 18:18؛ 2سام. 12:7؛ يەش. 2:4؛ 7:14؛ 9:5؛ 10:40، 11؛ 12:53ـ1؛ يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ دان. 24:9؛ زەك. 12:6؛ 9:9. |
| يـۇھ. | 51:1 | يار. 12:28. |
| يـۇھ. | 14:2 | مات. 12:21؛ مار. 15:11؛ لۇقا 45:19. |
| يـۇھ. | 17:2 | زەب. 9:69 |
| يـۇھ. | 18:2 | مات. 38:12؛ 1:16؛ مار. 11:8؛ لۇقا 29:11؛ يـۇھ. 30:6. |
| يـۇھ. | 19:2 | مات. 61:26؛ 40:27؛ مار. 58:14؛ 29:15. |
| يـۇھ. | 22:2 | لۇقا 8:24. |
| يـۇھ. | 25:2 | 1سام. 7:16؛ 1تار. 9:28؛ زەب. 9:7؛ 14:103؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20؛ يـۇھ. 64:6. |
| يـۇھ. | 2:3 | يـۇھ. 50:7؛ 16:9، 33؛ 39:19؛ روس. 38:10. |
| يـۇھ. | 5:3 | تىت. 5:3. |
| يـۇھ. | 6:3 | رىم. 5:8. |
| يـۇھ. | 11:3 | يـۇھ. 32:3؛ 16:7؛ 28:8؛ 49:12؛ 24:14. |
| يـۇھ. | 13:3 | يـۇھ. 62:6؛ ئەف. 9:4. |
| يـۇھ. | 14:3 | چۆل. 9:21؛ 2پاد. 4:18؛ يـۇھ. 28:8؛ 32:12. |
| يـۇھ. | 15:3 | يـۇھ. 15:3. |
| يـۇھ. | 16:3 | يـۇھ. 36:3؛ لۇقا 10:19؛ رىم. 8:5؛ 31:8؛ 1يۇھ. 9:4؛ 10:5. |
| يـۇھ. | 17:3 | لۇقا 56:9؛ يـۇھ. 39:9؛ 47:12؛ 1يۇھ. 14:4. |
| يـۇھ. | 18:3 | يـۇھ. 24:5؛ 40،47:6؛ 31:20. |
| يـۇھ. | 19:3 | يـۇھ. 5:1. |
| يـۇھ. | 21:3 | ئەف. 13،8:5. |
| يـۇھ. | 22:3 | يـۇھ. 1:4. |
| يـۇھ. | 23:3 | مات. 6:3؛ مار. 5:1؛ لۇقا 7:3. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 24:3 | مات. 3:14. |
| يـۇھ. | 26:3 | مات. 11:3؛ مار. 7:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 15:1، 26، 34. |
| يـۇھ. | 28:3 | مال. 1:3؛ مات. 10:11؛ مار. 2:1؛ لۇقا 17:1؛ 27:7؛ يـۇھ. 20:1، 21، 23. |
| يـۇھ. | 31:3 | يـۇھ. 23:8. |
| يـۇھ. | 32:3 | يـۇھ. 30:5؛ 26:8؛ 49:12؛ 10:14؛ 1يۇھ. 10:5. |
| يـۇھ. | 33:3 | رىم. 4:3. |
| يـۇھ. | 34:3 | ئەف. 7:4. |
| يـۇھ. | 35:3 | مات. 27:11؛ 18:28؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 22:5؛ 2:17؛ ئىبر. 8:2. |
| يـۇھ. | 36:3 | يـۇھ. 36:3؛ 47:6؛ 1يۇھ. 10:5. |
| يـۇھ. | 1:4 | يـۇھ. 26:3. |
| يـۇھ. | 5:4 | يار. 19:33؛ 22:48؛ يە. 32:24. |
| يـۇھ. | 9:4 | لۇقا 52:9، 53؛ يـۇھ. 48:8. |
| يـۇھ. | 11:4 | يەر. 13:2. |
| يـۇھ. | 14:4 | يـۇھ. 16:3؛ 27:6، 35، 54؛ 38:7. |
| يـۇھ. | 19:4 | لۇقا 16:7؛ 19:24؛ يـۇھ. 14:6. |
| يـۇھ. | 20:4 | قان. 11:12،5؛ 1پاد. 3:9؛ 2تار. 12:7. |
| يـۇھ. | 22:4 | يار. 3:12؛ 18:18؛ 18:22؛ 4:26؛ 2پاد. 29:17؛ ئىبر. 14:7. |
| يـۇھ. | 24:4 | 2كور. 17:3. |
| يـۇھ. | 26:4 | يـۇھ. 37:9. |
| يـۇھ. | 35:4 | مات. 37:9؛ لۇقا 2:10. |
| يـۇھ. | 44:4 | مات. 57:13؛ مار. 4:6؛ لۇقا 24:4. |
| يـۇھ. | 46:4 | يـۇھ. 1،11:2. |
| يـۇھ. | 48:4 | 1كور. 22:1. |
| يـۇھ. | 1:5 | لاۋ. 2:23؛ قان. 1:16. |
| يـۇھ. | 8:5 | مات. 6:9؛ مار. 2:11؛ لۇقا 24:5. |
| يـۇھ. | 9:5 | يـۇھ. 14:9. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 10:5 | مىس. 10:20؛ قان. 13:5؛ يەر. 21:17؛ مات. 2:12؛ مار. 24:2؛ لۇقا 2:6. |
| يـۇھ. | 14:5 | مات. 45:12؛ يـۇھ. 11:8. |
| يـۇھ. | 17:5 | يـۇھ. 10:14. |
| يـۇھ. | 18:5 | يـۇھ. 19:7. |
| يـۇھ. | 19:5 | يەش. 5:54؛ يـۇھ. 30:3؛ 38:8؛ 4:9؛ 30:10؛ 9:14؛ 5:17. |
| يـۇھ. | 20:5 | يـۇھ. 2:1؛ 35:3؛ 16:7؛ 28:8؛ 24:14. |
| يـۇھ. | 22:5 | مات. 27:11؛ يـۇھ. 35:3. |
| يـۇھ. | 23:5 | يـۇھ. 23:2. |
| يـۇھ. | 24:5 | لۇقا 43:23؛ يـۇھ. 18:3؛ 40:6، 47؛ 51:8. |
| يـۇھ. | 25:5 | ئەف. 1:2، 5؛ 1تىم. 6:5. |
| يـۇھ. | 28:5 | 1تېس. 16:4. |
| يـۇھ. | 29:5 | دان. 2:12؛ مات. 46:25،34. |
| يـۇھ. | 30:5 | يـۇھ. 38:6. |
| يـۇھ. | 31:5 | يـۇھ. 14:8. |
| يـۇھ. | 32:5 | يەش. 1:42؛ مات. 17:3؛ 5:17. |
| يـۇھ. | 33:5 | يـۇھ. 15:1، 19، 27. |
| يـۇھ. | 36:5 | يـۇھ. 25:10؛ 1يۇھ. 9:5. |
| يـۇھ. | 37:5 | مىس. 20:33؛ قان. 12:4؛ مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ يـۇھ. 33:1؛ 27:6؛ 18:8؛ 1تىم. 16:6؛ 2پېت. 17:1؛ 1يۇھ. 12:4. |
| يـۇھ. | 39:5 | قان. 18:18؛ يەش. 16:34؛ لۇقا 29:16؛ 27:24؛ يـۇھ. 46:1؛ روس. 11:17. |
| يـۇھ. | 44:5 | يـۇھ. 43:12. |
| يـۇھ. | 46:5 | يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 14:28؛ قان. 18:18. |
| يـۇھ. | 4:6 | مىس. 18:12؛ لاۋ. 5:23، 7؛ چۆل. 16:28؛ قان. 1:16. |
| يـۇھ. | 5:6 | مات. 14:14؛ مار. 34:6؛ لۇقا 13:9. |
| يـۇھ. | 11:6 | 1سام. 13:9. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 14:6 | لۇقا 16:7؛ 19:24؛ يـۇھ. 19:4. |
| يـۇھ. | 16:6 | مات. 23:14؛ مار. 47:6. |
| يـۇھ. | 21:6 | زەب. 29ـ30:107 |
| يـۇھ. | 27:6 | مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ يـۇھ. 33:1؛ 16:3؛ 14:4؛ 37:5؛ 40:6، 54؛ 18:8؛ 2پېت. 17:1. |
| يـۇھ. | 29:6 | 1يۇھ. 23:3. |
| يـۇھ. | 30:6 | مات. 38:12؛ 1:16؛ مار. 11:8؛ لۇقا 29:11؛ 1كور. 22:1. |
| يـۇھ. | 31:6 | مىس. 4:16، 14؛ چۆل. 7:11؛ نەھ. 15:9؛ زەب. 24:78، 25؛ 1كور. 3:10. |
| يـۇھ. | 35:6 | يەش. 1:55؛ يـۇھ. 14:4؛ 37:7. |
| يـۇھ. | 38:6 | مات. 39:26؛ مار. 36:14؛ لۇقا 42:22؛ يـۇھ. 30:5. |
| يـۇھ. | 39:6 | يـۇھ. 28:10؛ 12:17؛ 9:18. |
| يـۇھ. | 40:6 | يـۇھ. 16:3؛ 14:4؛ 27،54:6. |
| يـۇھ. | 42:6 | مات. 55:13؛ مار. 3:6. |
| يـۇھ. | 44:6 | كۇي. 4:1؛ يـۇھ. 65:6. |
| يـۇھ. | 45:6 | يەش. 13:54؛ يەر. 33:31؛ ئىبر. 10:8؛ 16:10. |
| يـۇھ. | 46:6 | مات. 27:11؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 18:1؛ 29:7؛ 19:8. |
| يـۇھ. | 47:6 | يـۇھ. 16،36:3. |
| يـۇھ. | 49:6 | مىس. 4:16؛ چۆل. 7:11؛ زەب. 24:78 |
| يـۇھ. | 51:6 | يـۇھ. 26:11؛ ئىبر. 5:10، 10. |
| يـۇھ. | 52:6 | يـۇھ. 9:3. |
| يـۇھ. | 54:6 | يـۇھ. 16:3؛ 14:4؛ 27،40:6. |
| يـۇھ. | 58:6 | يـۇھ. 13:3. |
| يـۇھ. | 62:6 | مار. 19:16؛ لۇقا 50:24؛ يـۇھ. 13:3؛ روس. 9:1؛ ئەف. 8:4. |
| يـۇھ. | 63:6 | 2كور. 6:3. |
| يـۇھ. | 64:6 | يـۇھ. 25:2؛ 11:13. |
| يـۇھ. | 65:6 | يـۇھ. 44:6. |

يـۇھ. 68:6 روس. 20:5.
يـۇھ. 69:6 مات. 16:16؛ مار. 29:8؛ لۇقا 20:9؛ يـۇھ. 27:11.
يـۇھ. 70:6 لۇقا 13:6.
يـۇھ. 2:7 لاۋ. 34:23.
يـۇھ. 5:7 مار. 21:3.
يـۇھ. 7:7 يـۇھ. 19:3؛ 17:14؛ 18:15.
يـۇھ. 8:7 يـۇھ. 20:8.
يـۇھ. 11:7 يـۇھ. 56:11.
يـۇھ. 12:7 مات. 46:21؛ لۇقا 16:7؛ يـۇھ. 14:6؛ 16:9؛ 19:10.
يـۇھ. 13:7 يـۇھ. 22:9؛ 42:12؛ 38:19.
يـۇھ. 16:7 يـۇھ. 11:3؛ 28:8؛ 49:12؛ 10:14، 24.
يـۇھ. 19:7 مىس. 1:20؛ 3:24؛ مات. 14:12؛ مار. 6:3؛
يـۇھ. 18:5؛ 39:10؛ 53:11؛ روس. 53:7.
يـۇھ. 20:7 يـۇھ. 52:8، 48؛ 20:10.
يـۇھ. 22:7 لاۋ. 3:12؛ يار. 10:17.
يـۇھ. 24:7 قان. 17:1، 16؛ پەند. 23:24؛ ياق. 1:2.
يـۇھ. 27:7 مات. 55:13؛ مار. 3:6؛ لۇقا 22:4.
يـۇھ. 28:7 يـۇھ. 43:5؛ 26:8، 42؛ رىم. 4:3.
يـۇھ. 29:7 يـۇھ. 15:10.
يـۇھ. 30:7 مار. 18:11؛ لۇقا 47:19؛ 19:20؛ يـۇھ. 19:7؛ 20:8، 37.
يـۇھ. 31:7 يـۇھ. 30:8.
يـۇھ. 33:7 يـۇھ. 16:16.
يـۇھ. 34:7 يـۇھ. 21:8؛ 33:13.
يـۇھ. 37:7 لاۋ. 36:23؛ يەش. 1:55؛ يـۇھ. 35:6؛ ۋەھ. 17:22.
يـۇھ. 38:7 يەش. 3:12.
يـۇھ. 39:7 يەش. 3:44؛ يو. 29:2ـ27؛ روس. 17:2.
يـۇھ. 40:7 مات. 46:21؛ لۇقا 16:7؛ يـۇھ. 14:6.
يـۇھ. 41:7 يـۇھ. 47:1؛ 42:4.

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 42:7 | زەب. 11:132؛ مك. 1:5؛ مات. 6:2. |
| يـۇھ. | 48:7 | يەش. 18:33؛ يـۇھ. 42:12؛ 1كور. 20:1؛ 8:2. |
| يـۇھ. | 50:7 | يـۇھ. 2:3؛ 39:19. |
| يـۇھ. | 51:7 | مس. 1:23؛ لاۋ. 15:19؛ قان. 17:1؛ 8:17؛ 15:19. |
| يـۇھ. | 5:8 | لاۋ. 10:20؛ قان. 22:22. |
| يـۇھ. | 7:8 | قان. 7:17. |
| يـۇھ. | 8:8 | يەر. 13:17 |
| يـۇھ. | 11:8 | يـۇھ. 14:5. |
| يـۇھ. | 12:8 | يەش. 16:42؛ يـۇھ. 1:9؛ 5:9؛ 36:12،35. |
| يـۇھ. | 14:8 | يـۇھ. 31:5. |
| يـۇھ. | 17:8 | چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 15:19؛ مات. 16:18؛ 2كور. 1:13؛ ئىبر. 28:10. |
| يـۇھ. | 18:8 | مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 9:7؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛ يـۇھ. 33:1؛ 37:5؛ 27:6. |
| يـۇھ. | 19:8 | يـۇھ. 9:14؛ 3:16. |
| يـۇھ. | 20:8 | يـۇھ. 30:7. |
| يـۇھ. | 21:8 | يـۇھ. 34:7؛ 33:13. |
| يـۇھ. | 23:8 | يـۇھ. 31:3. |
| يـۇھ. | 24:8 | يـۇھ. 21:8. |
| يـۇھ. | 26:8 | يـۇھ. 28:7؛ 15:15؛ رىم. 4:3. |
| يـۇھ. | 28:8 | چۆل. 9:21؛ 2پاد. 4:18؛ يـۇھ. 3:11، 14؛ 16:7؛ 49:12،32؛ 10:14. |
| يـۇھ. | 29:8 | يـۇھ. 10:14؛ 32:16. |
| يـۇھ. | 30:8 | يـۇھ. 31:7. |
| يـۇھ. | 32:8 | رىم. 18:6؛ گال. 1:5؛ 1پېت. 16:2. |
| يـۇھ. | 33:8 | مات. 9:3. |
| يـۇھ. | 34:8 | رىم. 20:6؛ 2پېت. 1:2. |
| يـۇھ. | 36:8 | رىم. 2:8. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 38:8 | يـۇھ. 11:3؛ 16:7؛ 49:12؛ 10:14، 24. |
| يـۇھ. | 39:8 | رىم. 28:2؛ 7:9. |
| يـۇھ. | 40:8 | يـۇھ. 17:17. |
| يـۇھ. | 42:8 | يـۇھ. 43:5؛ 29:7. |
| يـۇھ. | 44:8 | يار. 1:3؛ 2كور. 3:11؛ 1يۇھ. 8:3. |
| يـۇھ. | 47:8 | يـۇھ. 37:6؛ 27:10،26؛ 1يۇھ. 6:4. |
| يـۇھ. | 48:8 | يـۇھ. 20:7؛ 20:10. |
| يـۇھ. | 49:8 | يـۇھ. 18:7. |
| يـۇھ. | 51:8 | يـۇھ. 24:5؛ 25:11. |
| يـۇھ. | 53:8 | ئىبر. 13:11. |
| يـۇھ. | 56:8 | يار. 17:17؛ لۇقا 24:10؛ ئىبر. 13:11. |
| يـۇھ. | 59:8 | لۇقا 29:4؛ يـۇھ. 39:10،31؛ 8:11. |
| يـۇھ. | 5:9 | يەش. 6:42؛ لۇقا 32:2؛ يـۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 46:12،35؛ روس. 47:13. |
| يـۇھ. | 6:9 | مار. 23:8. |
| يـۇھ. | 8:9 | روس. 2:3. |
| يـۇھ. | 14:9 | مات. 1:12؛ مار. 23:2؛ لۇقا 1:6؛ يـۇھ. 9:5. |
| يـۇھ. | 16:9 | يـۇھ. 2:3؛ 12:7؛ 33:9؛ 19:10. |
| يـۇھ. | 17:9 | لۇقا 16:7؛ 19:24؛ يـۇھ. 19:4؛ 14:6. |
| يـۇھ. | 22:9 | يـۇھ. 13:7؛ 42:12. |
| يـۇھ. | 24:9 | يە. 19:7. |
| يـۇھ. | 31:9 | زەب. 18:66؛ پەند. 29:15؛ 9:28؛ يەش. 15:1؛ مىك. 4:3. |
| يـۇھ. | 39:9 | يـۇھ. 17:3؛ 47:12. |
| يـۇھ. | 9:10 | يـۇھ. 6:14. |
| يـۇھ. | 11:10 | يەش. 11:40؛ ئەز. 11:34، 12، 15، 22، 23؛ مىك. 14:1؛ ئىبر. 20:13؛ 1پېت. 4:5. |
| يـۇھ. | 12:10 | زەك. 16:11. |
| يـۇھ. | 14:10-15 | 2تىم. 19:2؛ مات. 27:11؛ لۇقا 22:10؛ يـۇھ. 46:6؛ 29:7. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 16:10 | ئەز. 22:37. |
| يـۇھ. | 17:10 | يەش. 12:53. |
| يـۇھ. | 18:10 | يـۇھ. 19:2. |
| يـۇھ. | 19:10 | يـۇھ. 12:7؛ 16:9. |
| يـۇھ. | 20:10 | يـۇھ. 20:7؛ 48:8، 52. |
| يـۇھ. | 21:10 | مس. 11:4؛ زەب. 9:94؛ 8:146 |
| يـۇھ. | 23:10 | 1پاد. 3:6؛ روس. 11:3؛ 12:5. |
| يـۇھ. | 25:10 | يـۇھ. 36:5. |
| يـۇھ. | 27:10 | يـۇھ. 47:8. |
| يـۇھ. | 28:10 | يـۇھ. 39:6؛ 12:17؛ 9:18. |
| يـۇھ. | 30:10 | يەش. 5:54؛ يـۇھ. 19:5؛ 9:14؛ 5:17. |
| يـۇھ. | 31:10 | يـۇھ. 59:8؛ 8:11. |
| يـۇھ. | 33:10 | يـۇھ. 18:5. |
| يـۇھ. | 34:10 | زەب. 6:82 |
| يـۇھ. | 36:10 | يـۇھ. 1:5؛ 27:6. |
| يـۇھ. | 37:10 | يـۇھ. 24:15. |
| يـۇھ. | 38:10 | يـۇھ. 11:14؛ 21:17. |
| يـۇھ. | 39:10 | لۇقا 29:4؛ يـۇھ. 59:8. |
| يـۇھ. | 40:10 | يـۇھ. 28:1؛ 23:3. |
| يـۇھ. | 2:11 | مات. 6:26؛ مار. 3:14؛ لۇقا 37:7؛ يـۇھ. 3:12. |
| يـۇھ. | 4:11 | يـۇھ. 3:9؛ 40:11. |
| يـۇھ. | 8:11 | يـۇھ. 59:8؛ 31:10. |
| يـۇھ. | 11:11 | مات. 24:9؛ مار. 39:5؛ لۇقا 52:8. |
| يـۇھ. | 24:11 | دان. 2:12؛ لۇقا 14:14؛ يـۇھ. 29:5. |
| يـۇھ. | 25:11 | يـۇھ. 4:1؛ 16:3، 36؛ 24:5؛ 47:6؛ 6:14؛ 1يۇھ. 10:5. |
| يـۇھ. | 26:11 | يـۇھ. 51:6. |
| يـۇھ. | 27:11 | مات. 16:16؛ مار. 29:8؛ لۇقا 20:9؛ يـۇھ. 69:6. |
| يـۇھ. | 35:11 | لۇقا 41:19. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 42:11 | يـۇھ. 30:12. |
| يـۇھ. | 44:11 | يـۇھ. 7:20. |
| يـۇھ. | 47:11 | زەب. 2:2؛ مات. 3:26؛ مار. 1:14؛ لۇقا 2:22؛ روس. 27:4. |
| يـۇھ. | 50:11 | يـۇھ. 14:18. |
| يـۇھ. | 52ـ51:11 | ئەف. 14:2، 15، 16. |
| يـۇھ. | 56:11 | يـۇھ. 11:7. |
| يـۇھ. | 1:12 | مات. 6:26؛ مار. 3:14؛ لۇقا 37:7؛ يـۇھ. 2:11 |
| يـۇھ. | 5:12 | مار. 5:14. |
| يـۇھ. | 6:12 | يـۇھ. 29:13. |
| يـۇھ. | 7:12 | مار. 8:14. |
| يـۇھ. | 8:12 | قان. 11:15؛ مات. 11:26؛ مار. 7:14. |
| يـۇھ. | 9:12 | يـۇھ. 44:11. |
| يـۇھ. | 12:12 | مات. 8:21؛ مار. 8:11؛ لۇقا 36:19 |
| يـۇھ. | 13:12 | زەب. 25:118، 26. |
| يـۇھ. | 15:12 | يەش. 11:62؛ زەك. 9:9؛ مات. 5:21. |
| يـۇھ. | 19:12 | يـۇھ. 47:11. |
| يـۇھ. | 20:12 | روس. 27:8. |
| يـۇھ. | 21:12 | يـۇھ. 45:1. |
| يـۇھ. | 23:12 | يـۇھ. 32:13؛ 1:17. |
| يـۇھ. | 24:12 | 1كور. 36:15. |
| يـۇھ. | 25:12 | مات. 39:10؛ 25:16؛ مار. 35:8؛ لۇقا 24:9؛ 33:17. |
| يـۇھ. | 26:12 | يـۇھ. 3:14؛ 24:17. |
| يـۇھ. | 27:12 | مات. 39:26،38،37؛ مار. 34:14؛ لۇقا 44:22. |
| يـۇھ. | 30:12 | يـۇھ. 42:11. |
| يـۇھ. | 31:12 | يـۇھ. 30:14؛ 11:16؛ كول. 15:2. |
| يـۇھ. | 32:12 | چۆل. 9:21؛ 2پاد. 4:18؛ يـۇھ. 14:3؛ 28:8. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 34:12 | 2سام. 16:7؛ 1تار. 10:22؛ زەب. 7:45ـ6؛ 36:89؛ 4:110؛ يەش. 5:9؛ يەر. 6:23؛ ئەز. 26:37؛ دان. 44:2؛ 14:7، 27؛ مىك. 7:4؛ ئىبر. 8:1. |
| يـۇھ. | 35:12 | يەر. 16:13؛ يـۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 5:9؛ 46:12؛ ئەف. 8:5؛ 1تېس. 4:5 |
| يـۇھ. | 38:12 | يەش. 1:53؛ رىم. 16:10. |
| يـۇھ. | 39:12ـ40 | يەش. 9:6، 10؛ ئەز. 2:12؛ مات. 14:13؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11 |
| يـۇھ. | 41:12 | يەش. 1:6. |
| يـۇھ. | 42:12 | يـۇھ. 13:7؛ 22:9. |
| يـۇھ. | 43:12 | يـۇھ. 44:5. |
| يـۇھ. | 45:12 | يـۇھ. 30:10؛ 9:14. |
| يـۇھ. | 46:12 | يەش. 6:42؛ 6:49؛ يـۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 5:9؛ 46:12؛ روس. 47:13. |
| يـۇھ. | 47:12 | يـۇھ. 17:3؛ 39:9. |
| يـۇھ. | 48:12 | مار. 16:16؛ يـۇھ. 18:3؛ 24:8. |
| يـۇھ. | 49:12 | قان. 18:18؛ يـۇھ. 11:3؛ 20:5؛ 16:7؛ 28:8؛ 10:14، 24؛ 13:16. |
| يـۇھ. | 1:13 | مات. 2:26؛ مار. 1:14؛ لۇقا 1:22. |
| يـۇھ. | 2:13 | لۇقا 3:22؛ يـۇھ. 2:13. |
| يـۇھ. | 3:13 | مات. 27:11؛ 18:28؛ يـۇھ. 35:3. |
| يـۇھ. | 6:13 | مات. 14:3. |
| يـۇھ. | 10:13 | يـۇھ. 3:15. |
| يـۇھ. | 11:13 | يـۇھ. 64:6. |
| يـۇھ. | 13:13 | مات. 10:23،8؛ 1كور. 6:8؛ 3:12؛ فىل. 11:2. |
| يـۇھ. | 14:13 | گال. 1:6، 2. |
| يـۇھ. | 15:13 | 1پېت. 21:2؛ 1يۇھ. 6:2. |
| يـۇھ. | 16:13 | مات. 24:10؛ لۇقا 40:6؛ يـۇھ. 20:15. |
| يـۇھ. | 18:13 | زەب. 9:41؛ مات. 23:26؛ 1يۇھ. 19:2 |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 19:13 | يـۇھ. 29:14؛ 4:16. |
| يـۇھ. | 20:13 | مات. 40:10؛ لۇقا 16:10. |
| يـۇھ. | 21:13 | مات. 21:26؛ مار. 18:14؛ لۇقا 21:22؛ روس. 17:1؛ 1يۇھ. 19:2. |
| يـۇھ. | 23:13 | يـۇھ. 2:20؛ 20:21،7. |
| يـۇھ. | 29:13 | يـۇھ. 6:12. |
| يـۇھ. | 32:13 | يـۇھ. 23:12؛ 1:17. |
| يـۇھ. | 33:13 | يـۇھ. 34:7؛ 21:8. |
| يـۇھ. | 34:13 | لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يـۇھ. 12:15؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4. |
| يـۇھ. | 35:13 | 1يۇھ. 5:2؛ 20:4. |
| يـۇھ. | 36:13 | يـۇھ. 18:21؛ 2پېت. 14:1 |
| يـۇھ. | 37:13 | مات. 33:26؛ مار. 29:14؛ لۇقا 33:22. |
| يـۇھ. | 38:13 | مات. 34:26؛ مار. 30:14؛ لۇقا 34:22. |
| يـۇھ. | 3:14 | يـۇھ. 26:12؛ 24:17. |
| يـۇھ. | 6:14 | يـۇھ. 4:1، 17؛ 9:10؛ 25:11؛ ئىبر. 8:9. |
| يـۇھ. | 9:14 | يـۇھ. 30:10. |
| يـۇھ. | 10:14 | يـۇھ. 17:5؛ 16:7؛ 28:8؛ 38:10؛ 49:12؛ 13:16؛ 21:17. |
| يـۇھ. | 12:14 | مات. 21:21؛ لۇقا 6:17؛ روس. 12:5؛ 11:19. |
| يـۇھ. | 13:14 | يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يـۇھ. 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3. |
| يـۇھ. | 15:14 | يـۇھ. 21:14، 23؛ 10:15؛ 1يۇھ. 3:5. |
| يـۇھ. | 18:14 | مات. 20:28. |
| يـۇھ. | 24:14 | يـۇھ. 16:7؛ 28:8؛ 49:12؛ 10:14؛ 13:16. |
| يـۇھ. | 26:14 | لۇقا 49:24؛ يـۇھ. 26:15؛ 7:16، 13؛ روس. 4:2. |
| يـۇھ. | 27:14 | فىل. 7:4. |
| يـۇھ. | 28:14 | يـۇھ. 3:14. |
| يـۇھ. | 29:14 | يـۇھ. 19:13؛ 4:16. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 30:14 | يـۇھ. 31:12؛ 11:16؛ ئەف. 2:2. |
| يـۇھ. | 31:14 | يـۇھ. 18:10؛ ئىبر. 5:10. |
| يـۇھ. | 2:15 | مات. 13:15. |
| يـۇھ. | 3:15 | يـۇھ. 10:13. |
| يـۇھ. | 6:15 | ئەز. 15:8ـ2؛ مات. 10:3؛ 19:7؛ كول. 23:1. |
| يـۇھ. | 7:15 | يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ |
| | | يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5. |
| يـۇھ. | 10:15 | يـۇھ. 15:14، 21، 23؛ 1يۇھ. 3:5. |
| يـۇھ. | 12:15 | لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يـۇھ. 34:13؛ ئەف. 2:5؛ |
| | | 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4. |
| يـۇھ. | 13:15 | رىم. 7:5؛ ئەف. 2:5؛ 1يۇھ. 16:3. |
| يـۇھ. | 14:15 | مات. 50:12؛ 2كور. 16:5؛ گال. 6:5؛ 15:6؛ كول. 11:3. |
| يـۇھ. | 15:15 | يـۇھ. 26:8. |
| يـۇھ. | 16:15 | مات. 19:28؛ مار. 15:16؛ يـۇھ. 18:13؛ ئەف. 4:1؛ |
| | | كول. 6:1. |
| يـۇھ. | 18:15 | 1يۇھ. 13:3. |
| يـۇھ. | 19:15 | يـۇھ. 14:17؛ گال. 10:1. |
| يـۇھ. | 20:15 | مات. 24:10؛ 9:24؛ لۇقا 40:6؛ يـۇھ. 16:13؛ 2:16. |
| يـۇھ. | 21:15 | مات. 22:10؛ يـۇھ. 3:16. |
| يـۇھ. | 22:15 | رىم. 15:4؛ 20:5. |
| يـۇھ. | 24:15 | يـۇھ. 37:10. |
| يـۇھ. | 25:15 | زەب. 19:35؛ 4:69 |
| يـۇھ. | 26:15 | لۇقا 49:24؛ يـۇھ. 26:14؛ 7:16؛ روس. 32:5. |
| يـۇھ. | 27:15 | روس. 8:1، 21؛ 32:5. |
| يـۇھ. | 2:16 | يـۇھ. 22:9، 34؛ 42:12. |
| يـۇھ. | 3:16 | يـۇھ. 21:15؛ 1كور. 8:2. |
| يـۇھ. | 4:16 | يـۇھ. 19:13؛ 29:14. |
| يـۇھ. | 7:16 | لۇقا 49:24؛ يـۇھ. 26:14؛ 26:15. |

| | | |
|---|---|---|
| يــۇھ. | 11:16 | يــۇھ. 31:12؛ 30:14؛ ئەف. 2:2؛ كول. 15:2. |
| يــۇھ. | 13:16 | يــۇھ. 49:12؛ 26:14 |
| يــۇھ. | 15:16 | يــۇھ. 10:17. |
| يــۇھ. | 16:16 | يــۇھ. 33:7. |
| يــۇھ. | 21:16 | يەش. 17:26. |
| يــۇھ. | 23:16 | يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يــۇھ. 13:14؛ 7:15؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5. |
| يــۇھ. | 27:16 | يــۇھ. 8:17. |
| يــۇھ. | 28:16 | يــۇھ. 3:13. |
| يــۇھ. | 30:16 | يــۇھ. 17:21. |
| يــۇھ. | 32:16 | زەك. 7:13؛ مات. 31:26؛ مار. 27:14؛ يــۇھ. 29:8؛ 10:14. |
| يــۇھ. | 33:16 | يەش. 5:9؛ يــۇھ. 27:14؛ رىم. 1:5؛ ئەف. 13:2؛ كول. 20:1. |
| يــۇھ. | 1:17 | يــۇھ. 23:12؛ 32:13. |
| يــۇھ. | 2:17 | زەب. 6:8؛ مات. 27:11؛ 18:28؛ لۇقا 22:10؛ يــۇھ. 35:3؛ 27:5؛ 1كور. 25:15؛ فىل. 10:2؛ ئىبر. 8:2. |
| يــۇھ. | 3:17 | يەش. 11:53؛ يەر. 22:9 |
| يــۇھ. | 4:17 | يــۇھ. 34:4؛ 32:13؛ 13:14؛ 30:19. |
| يــۇھ. | 5:17 | يــۇھ. 1:1، 2؛ 30:10؛ 9:14. |
| يــۇھ. | 8:17 | يــۇھ. 27:16. |
| يــۇھ. | 10:17 | يــۇھ. 15:16. |
| يــۇھ. | 12:17 | يەش. 18:8؛ يــۇھ. 39:6؛ 28:10؛ 9:18؛ ئىبر. 13:2. |
| يــۇھ. | 14:17 | يــۇھ. 19:15. |
| يــۇھ. | 17:17 | زەب. 142:119؛ يــۇھ. 4:8. |
| يــۇھ. | 18:17 | يــۇھ. 21:20. |
| يــۇھ. | 19:17 | 1كور. 2،30:1؛ 1تېس. 7:4. |
| يــۇھ. | 21:17 | يــۇھ. 38:10؛ 11:14؛ گال. 28:3. |
| يــۇھ. | 24:17 | يــۇھ. 26:12؛ 3:14. |
| يــۇھ. | 25:17 | يــۇھ. 21:15؛ 3:16، 27؛ 8:17. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 1:18 | 2سام. 23:15؛ مات. 36:26؛ مار. 32:14؛ لۇقا 39:22. |
| يـۇھ. | 3:18 | مات. 47:26؛ مار. 43:14؛ لۇقا 47:22. |
| يـۇھ. | 9:18 | يـۇھ. 39:6؛ 28:10؛ 12:17. |
| يـۇھ. | 10:18 | مات. 51:26؛ مار. 47:14؛ لۇقا 50:22. |
| يـۇھ. | 11:18 | مات. 22:20؛ 39:26. |
| يـۇھ. | 13:18 | مات. 57:26؛ مار. 53:14؛ لۇقا 2:3؛ 54:22. |
| يـۇھ. | 14:18 | يـۇھ. 50:11. |
| يـۇھ. | 15:18 | مات. 58:26؛ مار. 54:14؛ لۇقا 54:22. |
| يـۇھ. | 18:18 | مات. 69:26؛ مار. 67:14؛ لۇقا 55:22. |
| يـۇھ. | 20:18 | يـۇھ. 26:7. |
| يـۇھ. | 22:18 | يەر. 2:20؛ روس. 2:23. |
| يـۇھ. | 24:18 | مات. 57:26؛ مار. 53:14؛ لۇقا 54:22. |
| يـۇھ. | 25:18 | مات. 71:26؛ مار. 69:14؛ لۇقا 58:22. |
| يـۇھ. | 27:18 | يـۇھ. 38:13. |
| يـۇھ. | 28:18 | مات. 1:27؛ مار. 1:15؛ لۇقا 66:22؛ 1:23. |
| يـۇھ. | 32:18 | مات. 19:20؛ يـۇھ. 32:12. |
| يـۇھ. | 33:18 | مات. 11:27؛ مار. 2:15؛ لۇقا 3:23. |
| يـۇھ. | 36:18 | يـۇھ. 15:6؛ 1تىم. 13:6. |
| يـۇھ. | 38:18 | مات. 24:27؛ لۇقا 4:23. |
| يـۇھ. | 39:18 | مات. 15:27؛ مار. 6:15؛ لۇقا 17:23. |
| يـۇھ. | 40:18 | مات. 16:27؛ مار. 7:15؛ لۇقا 19:23؛ روس. 1:3. |
| يـۇھ. | 1:19 | مات. 26:27؛ مار. 15:15. |
| يـۇھ. | 7:19 | لاۋ. 16:24؛ يـۇھ. 18:5؛ 3:10. |
| يـۇھ. | 12:19 | روس. 7:17. |
| يـۇھ. | 15:19 | يار. 10:49. |
| يـۇھ. | 16:19ـ17 | مات. 26:27؛ مار. 22:15؛ لۇقا 24:23، 25؛ مات. 31:27، 33؛ مار. 22:15؛ لۇقا 26:23، 33. |
| يـۇھ. | 19:19 | مات. 37:27؛ مار. 26:15؛ لۇقا 38:23. |

| | | |
|---|---|---|
| يـۇھ. | 23:19 | مات. 35:27؛ مار. 24:15؛ لۇقا 34:23. |
| يـۇھ. | 24:19 | زەب. 18:22 |
| يـۇھ. | 25:19 | مات. 55:27؛ مار. 40:15؛ لۇقا 49:23. |
| يـۇھ. | 28:19 | زەب. 15:22؛ 21:69 |
| يـۇھ. | 36:19ـ37 | مىس. 46:12؛ چۆل. 12:9؛ زەب. 20:34؛ زەك. 10:12. |
| يـۇھ. | 38:19 | مات. 57:27؛ مار. 42:15؛ لۇقا 50:23؛ يـۇھ. 42:12. |
| يـۇھ. | 39:19 | يـۇھ. 1:3؛ 50:7. |
| يـۇھ. | 1:20 | مات. 1:28؛ مار. 1:16؛ لۇقا 1:24. |
| يـۇھ. | 2:20 | يـۇھ. 23:13؛ 20:21،7. |
| يـۇھ. | 3:20 | لۇقا 12:24. |
| يـۇھ. | 5:20 | يـۇھ. 40:19. |
| يـۇھ. | 7:20 | يـۇھ. 44:11. |
| يـۇھ. | 9:20 | زەب. 10:16؛ روس. 31:2،25؛ 35:13. |
| يـۇھ. | 11:20 | مات. 1:28؛ مار. 5:16؛ لۇقا 4:24. |
| يـۇھ. | 14:20 | مات. 9:28؛ مار. 9:16. |
| يـۇھ. | 17:20 | زەب. 22:22؛ مات. 10:28؛ يـۇھ. 2:16؛ ئىبر. 11:2. |
| يـۇھ. | 18:20 | مات. 8:28؛ مار. 10:16؛ لۇقا 9:24. |
| يـۇھ. | 19:20 | مار. 14:16؛ لۇقا 36:24؛ 1كور. 5:15. |
| يـۇھ. | 20:20 | يـۇھ. 22:16. |
| يـۇھ. | 21:20 | يەش. 1:61؛ مات. 19:28؛ مار. 15:16؛ لۇقا 18:4؛ يـۇھ. 18:17. |
| يـۇھ. | 23:20 | مات. 19:16؛ 18:18. |
| يـۇھ. | 27:20 | 1يۇھ. 1:1. |
| يـۇھ. | 29:20 | 1پېت. 8:1. |
| يـۇھ. | 30:20 | يـۇھ. 25:21. |
| يـۇھ. | 2:21 | مات. 21:4؛ مار. 19:1؛ يـۇھ. 46:1. |
| يـۇھ. | 6:21 | لۇقا 4:5، 6، 7. |
| يـۇھ. | 7:21 | يـۇھ. 23:13؛ 2:20. |

يـۇھ. 10:21 لۇقا 41:24.

يـۇھ. 17:21 يـۇھ. 30:16.

يـۇھ. 18:21 يـۇھ. 36:13؛ روس. 3:12؛ 2پېت. 14:1.

يـۇھ. 19:21 2پېت. 14:1.

يـۇھ. 20:21 يـۇھ. 23:13؛ 2:20؛ 7:21.

يـۇھ. 24:21 يـۇھ. 35:19.

يـۇھ. 25:21 يـۇھ. 30:20.

# روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى

روس. 1:1-2 لۇقا 1:3-1؛ مار. 19:16؛ لۇقا 51:9؛ يـۇھ. 21:20؛ ئەف. 17:2؛ 1تىم. 16:3.

روس. 3:1 مار. 14:16؛ يـۇھ. 19:20؛ 1:21؛ 1كور. 5:15.

روس. 4:1 لۇقا 48:24، 49؛ يـۇھ. 26:14؛ 26:15؛ 7:16.

روس. 5:1 يەش. 3:44؛ يو. 29:2-27؛ مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 4:2؛ 15:11، 16؛ 4:19.

روس. 6:1 مات. 3:24.

روس. 7:1 مات. 36:24.

روس. 8:1 يەش. 3:2؛ لۇقا 48:24؛ يـۇھ. 27:15؛ روس. 32:2،4؛ ئەز.23:11؛ زەك.14:4.

روس. 9:1 مار. 19:16؛ لۇقا 51:24.

روس. 10:1 مات. 3:28.

روس. 11:1 دان. 13:7؛ زەك.4:14؛ مات. 30:24؛ مار. 26:13؛ لۇقا 27:21؛ 1تېس. 10:1؛ 2تېـس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

روس. 14:1 مات. 55:13.

روس. 16:1 زەب. 9:41؛ مات. 23:26، 47؛ مار. 43:14؛ يـۇھ. 18:13؛ 3:18.

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 17:1 | مات. 4:10؛ مار. 19:3؛ لۇقا 16:6. |
| روس. | 18:1 | 2سام. 23:17؛ مات. 5:27. |
| روس. | 19:1 | مات. 8:27. |
| روس. | 20:1 | زەب. 25:69؛ 8:109 |
| روس. | 22-21:1 | روس. 3:6. |
| روس. | 23:1 | روس. 6:6. |
| روس. | 25-24:1 | 1سام. 17:16؛ 1تار. 9:28؛ 17:29؛ زەب. 9:7؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20؛ روس. 8:15؛ ۋەھ. 23:2. |
| روس. | 1:2 | لاۋ. 15:23؛ قان. 9:16؛ روس. 14:1. |
| روس. | 4:2 | مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ 17:16؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:14؛ 26:15؛ 13:16؛ روس. 46:10؛ 15:11؛ 6:19. |
| روس. | 17:2 | يەش. 3:44؛ ئەز. 19:11؛ 27:36؛ يو. 29:2-27؛ زەك. 10:12؛ لۇقا 36:2؛ يـۇھ. 3:7؛ روس. 45:10؛ 9:21. |
| روس. | 20:2 | يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش .10:13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ ۋەھ. 6:13-12. |
| روس. | 21:2 | يو. 32:2-30؛ رىم. 13:10. |
| روس. | 23:2 | روس. 28:4؛ 30:5. |
| روس. | 24:2 | روس. 40:10. |
| روس. | 25:2 | زەب. 11:16-8 |
| روس. | 28:2 | زەب. 11:16-8 |
| روس. | 29:2 | 1پاد. 10:2؛ روس. 36:13. |
| روس. | 30:2 | 2سام. 12:7؛ زەب. 11:132؛ لۇقا 32:1؛ روس. 23:13؛ رىم. 3:1؛ 2تىم. 8:2. |
| روس. | 31:2 | زەب. 10:16؛ روس. 35:13. |
| روس. | 32:2 | يـۇھ. 27:15؛ روس. 8:1. |
| روس. | 33:2 | روس. 4:1؛ 31:5؛ 45:10؛ فىل. 9:2. |
| روس. | 35-34:2 | زەب. 1:110؛ 1كور. 25:15؛ ئەف. 20:1؛ ئىبر. 13:1. |
| روس. | 37:2 | زەك. 10:12؛ لۇقا 10:3؛ روس. 6:9؛ 30:16. |

روس. 39:2 يو. 32:2ـ30؛ ئەف. 13:2.

روس. 43:2 مار. 17:16؛ روس. 12:5.

روس. 44:2 قان. 4:15؛ روس. 32:4.

روس. 45:2 يەش. 7:58؛ روس. 35:4.

روس. 47:2 روس. 14:5؛ 21:11.

روس. 2:3 يـۇھ. 8:9؛ روس. 8:14.

روس. 6:3 روس. 10:4.

روس. 13:3 مىس. 15:3،6؛ مات. 20:27؛ مار. 11:15؛ لۇقا 18:23؛
يـۇھ. 40:18.

روس. 14:3 لۇقا 18:23.

روس. 15:3 روس. 8:1؛ 32:2.

روس. 18:3 يەش. 6:50؛ 5:53؛ لۇقا 27:24.

روس. 19:3 روس. 38:2.

روس. 22:3 قان. 16:18ـ15، 19؛ يـۇھ. 46:1؛ روس. 37:7.

روس. 25:3 يار. 18:22؛ گال. 8:3.

روس. 7:4 مىس. 14:2؛ مات. 23:21؛ روس. 27:7.

روس. 11:4 زەب. 22:118؛ يەش. 16:28؛ مات. 42:21؛ مار. 10:12؛
لۇقا 17:20؛ رىم. 33:9؛ 1پېت. 7:2.

روس. 12:4 مات. 21:1؛ روس. 43:10؛ 1تىم. 5:2.

روس. 16:4 يـۇھ. 47:11.

روس. 19:4 روس. 29:5.

روس. 21:4 روس. 7:3، 8؛ 26:5.

روس. 23:4 روس. 12:12.

روس. 24:4 مىس. 11:20

روس. 25:4 زەب. 1:2.

روس. 26:4 زەب. 1:2، 2.

روس. 27:4 مات. 3:26؛ مار. 1:14؛ لۇقا 2:22؛ يـۇھ. 47:11.

روس. 30:4 مار. 17:16.

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 31:4 | روس. 26:16. |
| روس. | 32:4 | روس. 44:2؛ 1پېت. 8:3. |
| روس. | 35:4 | يەش. 7:58. |
| روس. | 12:5 | مار. 17:16؛ روس. 43:2. |
| روس. | 16:5 | مار. 17:16؛ روس. 7:8؛ 18:16؛ 12:19. |
| روس. | 19:5 | روس. 7:12؛ 26:16. |
| روس. | 26:5 | مات. 26:21؛ روس. 21:4. |
| روس. | 28:5 | روس. 18:4. |
| روس. | 29:5 | روس. 19:4. |
| روس. | 30:5 | قان. 23:21؛ روس. 15:3؛ 39:10؛ 29:13؛ 1پېت. 24:2. |
| روس. | 31:5 | روس. 33:2؛ 15:3؛ فىل. 9:2. |
| روس. | 32:5 | يـۇھ. 27:15؛ روس. 4:2. |
| روس. | 36:5 | روس. 38:21. |
| روس. | 38:5 | پەند. 30:21؛ يەش. 10:8؛ مات. 13:15. |
| روس. | 39:5 | روس. 5:9؛ 9:23. |
| روس. | 41:5 | مات. 12:5. |
| روس. | 2:6 | مىس. 17:18. |
| روس. | 3:6 | قان. 13:1؛ روس. 21:1؛ 2:16؛ 1تىم. 7:3. |
| روس. | 5:6 | روس. 24:11؛ 8:21. |
| روس. | 6:6 | روس. 23:1؛ 17:8؛ 3:13؛ 1تىم. 14:4؛ 22:5؛ 2تىم. 6:1. |
| روس. | 7:6 | روس. 20:19. |
| روس. | 10:6 | مىس. 12:4؛ يەش. 17:54؛ لۇقا 15:21. |
| روس. | 11:6 | مات. 59:26. |
| روس. | 3:7 | يار. 1:12. |
| روس. | 5:7 | يار. 7:12؛ 15:13. |
| روس. | 6:7 | يار. 14:15ـ13، 16؛ مىس. 40:12؛ گال. 17:3. |
| روس. | 7:7 | يار. 16:15؛ مىس. 12:3. |
| روس. | 8:7 | يار. 2:21؛ 24:25؛ 32:29؛ 5:30؛ 23:35. |

روس. 9:7 يار. 4،28:37؛ زەب. 17:105.
روس. 10:7 يار. 40:41.
روس. 11:7 يار. 54:41؛ زەب. 16:105.
روس. 12:7 يار. 1:42.
روس. 13:7 يار. 4:45.
روس. 15:7 يار. 5:46؛ 33:49.
روس. 16:7 يار. 16:23؛ 13:50؛ مىس. 19:13؛ يە. 32:24.
روس. 17:7 مىس. 7:1؛ زەب. 24:105.
روس. 18:7 مىس. 8:1
روس. 20:7 مىس. 2:2؛ 19:6؛ چۆل. 59:26؛ 1تار. 13:23؛ ئىبر. 23:11.
روس. 23:7 مىس. 11ـ15:2.
روس. 27:7 مات. 23:21؛ روس. 35:7؛ 7:4.
روس. 28:7 مىس. 14:2.
روس. 30:7 مىس. 2:3
روس. 32:7 مىس. 6:3؛ مات. 32:22؛ ئىبر. 16:11.
روس. 33:7 مىس. 5:3، 7، 8، 10؛ يە. 15:5.
روس. 34:7 مىس. 2ـ10:3.
روس. 36:7 مىس. 7؛ 8؛ 9؛ 10؛ 11؛ 13؛ 14؛ 1:16؛ قان. 3:1.
روس. 37:7 قان. 15،18:18؛ يـۇھ. 46:1؛ روس. 22:3؛ مات. 5:17.
روس. 38:7 مىس. 3:19؛ گال. 19:3.
روس. 40:7 مىس. 1،23:32.
روس. 42:7 ئام. 25:5.
روس. 43:7 ئام. 26،27:5.
روس. 44:7 مىس. 40:25؛ ئىبر. 5:8.
روس. 45:7 يە. 14:3.
روس. 46:7 1سام. 1:16؛ 2سام. 2:7؛ 1تار. 1:17؛
زەب. 19ـ21:89؛ 5:132؛ روس. 22:13.
روس. 47:7 1پاد. 1:6؛ 1تار. 12:17.

روس. 48:7 1پاد. 27:8؛ روس. 24:17.

روس. 49:7 2تار. 33:6؛ يەش. 1:66، 2؛ مات. 34:5؛ 22:23.

روس. 50:7 يەش. 2:66ـ1؛ يار. 4:1.

روس. 51:7 نەھ. 17:9،16؛ يەر. 1:6.

روس. 53:7 مىس. 3:19؛ 3:24؛ يـۇھ. 19:7؛ گال. 19:3؛ ئىبر. 2:2.

روس. 58:7 1پاد. 13:21؛ لۇقا 29:4.

روس. 59:7 زەب. 5:31؛ لۇقا 46:23.

روس. 60:7 مات. 44:5؛ لۇقا 34:23؛ 1كور. 12:4.

روس. 1:8 روس. 19:11؛ 20:22.

روس. 2:8 يار. 2:23؛ 10:50؛ 2سام. 31:3

روس. 3:8 روس. 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛
1تىم. 13:1.

روس. 4:8 مات. 23:10؛ روس. 19:11.

روس. 7:8 مار. 17:16؛ روس. 16:5؛ 18:16؛ 11:19.

روس. 9:8 روس. 6:13.

روس. 17:8 روس. 6:6؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 14:4؛ 22:5؛ 2تىم. 6:1.

روس. 20:8 مات. 8:10.

روس. 33:8 يەش. 7:53، 8.

روس. 35:8 لۇقا 45:24.

روس. 36:8ـ37 روس. 47:10.

روس. 1:9 روس. 3:8؛ 4:22؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.

روس. 3:9 روس. 6:22؛ 31:26؛ 1كور. 8:15؛ 2كور. 2:12.

روس. 5:9 روس. 39:5.

روس. 6:9 لۇقا 10:3؛ روس. 37:2؛ 30:16.

روس. 7:9 دان. 7:10.

روس. 11:9 روس. 39:21؛ 3:22.

روس. 13:9 روس. 1:9؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 15:9 | روس. 2:13؛ 21:22؛ رىم. 1:1؛ گال. 1:15؛ 2:8؛ ئەف. 3:8؛ 1تىم. 2:7؛ 2تىم. 1:1. |
| روس. | 16:9 | روس. 11:21؛ 2كور. 23:11. |
| روس. | 17:9 | روس. 12:22. |
| روس. | 24:9 | 2كور. 32:11. |
| روس. | 25:9 | يه. 15:2؛ 1سام. 12:19. |
| روس. | 26:9 | روس. 17:22. |
| روس. | 27:9 | روس. 25:11. |
| روس. | 9:10 | 2پاد. 33:4؛ مات. 6:6. |
| روس. | 14:10 | لاۋ. 4:11؛ قان. 7:14. |
| روس. | 15:10 | مات. 11:15؛ رىم. 20:14،17؛ 1تىم. 4:4؛ تىت. 15:1. |
| روس. | 26:10 | روس. 14:14؛ ۋەھ. 10:19؛ 9:22. |
| روس. | 28:10 | مىس. 32:23؛ 15:34؛ قان. 2:7؛ يـۇھ. 4:9؛ 28:18؛ روس. 3:11؛ 8:15؛ ئەف. 6:3. |
| روس. | 31:10 | مات. 3:28؛ مار. 5:16؛ لۇقا 4:24. |
| روس. | 34:10ـ35 | قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1. |
| روس. | 36:10 | يەش. 5:9؛ 7:52؛ يـۇھ. 33:16؛ رىم. 1:5؛ كول. 20:1. |
| روس. | 37:10ـ38 | يەش. 23:8؛ 1:9؛ مات. 12:4؛ مار. 14:1، 38، 39؛ لۇقا 14:4؛ زەب. 7:45؛ يەش. 1:61؛ لۇقا 18:4. |
| روس. | 40:10ـ41 | مار. 14:16؛ لۇقا 34:24؛ يـۇھ. 19:20؛ روس. 24:2؛ 1كور. 5:15. |
| روس. | 42:10 | مات. 19:28؛ مار. 15:16؛ يـۇھ. 16:15؛ روس. 31:17. |
| روس. | 43:10 | يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛14:33؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 24:9؛ مىك. 20:7؛ روس. 9:15. |
| روس. | 44:10 | روس. 17:8. |

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 46:10 | مار. 17:16؛ روس. 4:2. |
| روس. | 47:10 | روس. 36:8؛ 17:11. |
| روس. | 3:11 | مس. 32:23؛ 15:34؛ قان. 2:7؛ يـۇھ. 28:18. |
| روس. | 5:11 | روس. 9:10. |
| روس. | 8:11 | لاۋ. 4:11؛ قان. 7:14. |
| روس. | 12:11 | روس. 19:10؛ 7:15. |
| روس. | 16:11 | يەش. 3:44؛ يو. 29:2ـ28؛ مات. 11:3؛ مار. 8:1؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 5:1؛ 4:2؛ 4:19. |
| روس. | 17:11 | روس. 9:15. |
| روس. | 19:11 | روس. 1:8، 4. |
| روس. | 21:11 | روس. 47:2؛ 14:5. |
| روس. | 23:11 | روس. 43:13؛ 22:14. |
| روس. | 24:11 | روس. 36:4؛ 5:6. |
| روس. | 25:11 | روس. 27:9. |
| روس. | 28:11 | روس. 10:21. |
| روس. | 30:11 | روس. 25:12. |
| روس. | 2:12 | مات. 21:4. |
| روس. | 4:12 | يـۇھ. 18:21. |
| روس. | 7:12 | روس. 19:5؛ 26:16. |
| روس. | 17:12 | روس. 16:13؛ 33:19؛ 40:21. |
| روس. | 24:12 | يەش. 11:55؛ روس. 7:6. |
| روس. | 1:13 | روس. 26:14. |
| روس. | 2:13 | مات. 38:9؛ روس. 15:9؛ 21:22؛ رىم. 1:1؛ 15:10؛ گال. 15:1؛ 2:8؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 11:1؛ ئىبر. 4:5. |
| روس. | 3:13 | روس. 6:6؛ 15:8؛ 6:19. |
| روس. | 5:13 | روس. 25:12. |
| روس. | 6:13 | روس. 9:8؛ 13:19. |
| روس. | 13:13 | روس. 38:15. |

روس. 16:13 روس. 17:12؛ 33:19؛ 40:21.

روس. 17:13 مس. 1:1.

روس. 18:13 مس. 35:16؛ چۆل. 34:14؛ زەب. 10:95.

روس. 19:13 يە. 2:14.

روس. 20:13 هاك. 16:2؛ 9:3.

روس. 21:13 1سام. 5:8؛ 15:9؛ 15:10؛ هوش. 11:13.

روس. 22:13 1سام. 14:13؛ 12:16؛ زەب. 29:89-19؛ روس. 45:7.

روس. 24:13 مات. 1:3؛ مار. 2:1؛ لۇقا 2:3؛ يـۇھ. 23:3.

روس. 25:13 مات. 11:3؛ يـۇھ. 20:1.

روس. 26:13 مات. 6:10؛ روس. 26:3؛ 46:13.

روس. 27:13 يـۇھ. 3:16؛ روس. 17:3؛ 1كور. 8:2؛ 1تىم. 13:1.

روس. 28:13 مات. 20:27؛ مار. 11:15؛ لۇقا 18:23؛ يـۇھ. 6:19.

روس. 30:13 مات. 6:28؛ مار. 6:16؛ لۇقا 6:24.

روس. 31:13 مار. 14:16؛ يـۇھ. 19:20؛ 1:21؛ روس. 3:1؛ 1كور. 5:15.

روس. 32:13-33 يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ 2سام. 12:7؛
زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛
يەر. 5:23؛ 14:33؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 9:25،24؛
زەب. 7:2.

روس. 34:13 يەش. 3:55.

روس. 35:13 زەب. 10:16؛ روس. 27:2.

روس. 36:13 1پاد. 10:2؛ روس. 29:2.

روس. 38:13 لۇقا 47:24؛ 1يۇھ. 12:2

روس. 39:13 رىم. 28:3؛ 3:8؛ 4:10؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 19:7.

روس. 41:13 يەش. 14:28؛ هاب. 5:1.

روس. 43:13 روس. 23:11؛ 22:14.

روس. 46:13 مس. 10:32؛ يەش. 5:55؛ مات. 12:8؛ 6:10؛ 43:21؛
روس. 26:3؛ 26:13؛ رىم. 19:10.

روس. 47:13 يەش. 6:42؛ 6:49؛ لۇقا 32:2.

روس. 50:13 2تىم. 11:3.
روس. 3:14 مار. 20:16؛ روس. 11:19؛ ئىبر. 4:2.
روس. 6:14ـ7 مات. 23:10؛ روس. 1:8.
روس. 8:14 روس. 2:3.
روس. 11:14 روس. 6:28.
روس. 15:14 يار. 1:1؛ زەب. 6:33؛ 8:124؛ 6:146؛ روس. 26:10؛
ۋەھ. 7:14؛ 10:19؛ 9:22.
روس. 16:14 زەب. 12:81
روس. 17:14 رىم. 19:1.
روس. 19:14 2كور. 25:11.
روس. 22:14 مات. 38:10؛ 24:16؛ لۇقا 26:24؛ روس. 23:11؛ 43:13؛
2تىم. 12:3.
روس. 26:14 روس. 1:13.
روس. 1:15 يار. 10:17؛ لاۋ. 3:12؛ گال. 2:5.
روس. 2:15 گال. 1:2.
روس. 7:15 روس. 20:10؛ 12:11.
روس. 8:15 1تار. 9:28؛ 17:29؛ زەب. 7:9؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 12:20.
روس. 9:15 روس. 43:10، 44.
روس. 10:15 مات. 4:23.
روس. 11:15 ئەف. 8:2؛ تىت. 4:3.
روس. 17:15ـ18 ئام. 12:9، 11.
روس. 20:15 يار. 4:9؛ مىس. 3:20؛ 1كور. 1:8؛ 20:10؛ 1تېس. 3:4.
روس. 24:15 گال. 4:2.
روس. 26:15 روس. 50:13؛ 19:14.
روس. 29:15 يار. 4:9؛ مىس. 3:20؛ لاۋ. 14:17؛ 1كور. 1:8؛ 1تېس. 3:4.
روس. 37:15 مىس. 3:20.
روس. 3:16 1كور. 20:9؛ گال. 3:2.
روس. 4:16 روس. 20:15.

روس. 8:16 2كور. 12:2.

روس. 15:16 يار. 3:19؛ 11:33؛ هاك. 21:19؛ لۇقا 29:24؛ ئىبر. 2:13.

روس. 16:16 1سام. 7:28؛ روس. 24:19.

روس. 18:16 مار. 17:16.

روس. 19:16 2كور. 5:6.

روس. 20:16 1پاد. 17:18؛ روس. 6:17.

روس. 22:16 2كور. 25:11؛ 1تېس. 2:2.

روس. 25:16 روس. 31:4.

روس. 26:16 روس. 19:5؛ 7:12.

روس. 30:16 لۇقا 10:3؛ روس. 37:2؛ 6:9.

روس. 31:16 يـۇھ. 36:3،16؛ 47:6؛ 1يۇھ. 10:5.

روس. 34:16 لۇقا 29:5؛ 6:19.

روس. 39:16 مات. 34:8.

روس. 3:17 زەب. 6:22. 22؛ مات. 21:16؛ لۇقا 46:24.

روس. 4:17 روس. 24:28.

روس. 6:17 روس. 20:16.

روس. 7:17 لۇقا 2:23؛ يـۇھ. 12:19.

روس. 10:17 روس. 25:9.

روس. 11:17 يەش. 16:34؛ لۇقا 29:16؛ يـۇھ. 39:5.

روس. 13:17 1تېس. 14:2.

روس. 15:17 روس. 5:18.

روس. 24:17 يار. 1:1؛ 2تار. 30:6؛ زەب. 6:33؛ 8:124؛ 6:146؛
يەش. 1:66؛ روس. 48:7؛ 15:14؛ ۋەھ. 7:14.

روس. 25:17 يار. 7:2.

روس. 26:17 قان. 8:32.

روس. 29:17 يەش. 18:40.

روس. 30:17 لۇقا 47:24.

روس. 2:18 رىم. 3:16؛ 1كور. 19:16؛ 2تىم. 19:4.

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 3:18 | روس. 34:20؛ 1كور. 12:4؛ 2كور. 9:11؛ 13:12؛ 1تېس. 2:9؛ 2تېس. 3:8. |
| روس. | 5:18 | روس. 15:17. |
| روس. | 6:18 | مات. 14:10؛ روس. 51:13. |
| روس. | 8:18 | 1كور. 14:1. |
| روس. | 9:18 | روس. 11:23. |
| روس. | 18:18 | چۆل. 18:6؛ روس. 23:21. |
| روس. | 21:18 | 1كور. 19:4؛ ئىبر. 3:6؛ ياق. 15:4. |
| روس. | 24:18 | 1كور. 12:1. |
| روس. | 27:18 | 1كور. 6:3. |
| روس. | 1:19 | 1كور. 12:1 |
| روس. | 4:19 | مات. 11:3؛ مار. 1:4؛ لۇقا 16:3؛ يـۇھ. 26:1؛ روس. 5:1؛ 16:11. |
| روس. | 6:19 | روس. 17:8؛ 15:11. |
| روس. | 9:19 | 2تىم. 15:1. |
| روس. | 11:19 | مار. 20:16؛ روس. 3:14. |
| روس. | 18:19 | مات. 6:3. |
| روس. | 20:19 | يەش. 11:55. |
| روس. | 21:19 | رىم. 25:15؛ گال. 1:2. |
| روس. | 23:19 | 2كور. 8:1. |
| روس. | 24:19 | روس. 16:16. |
| روس. | 26:19 | زەب. 4:115؛ يەر. 3:10. |
| روس. | 29:19 | روس. 4:20؛ 2:27؛ كول. 10:4. |
| روس. | 4:20 | روس. 29:19؛ 29:21؛ 2:27؛ 1كور. 14:1؛ ئەف. 21:6؛ كول. 4:10،7؛ 2تىم. 12:4؛ تىت. 12:3. |
| روس. | 10:20 | 1پاد. 21:17؛ 2پاد. 34:4. |
| روس. | 16:20 | روس. 4،12:21. |
| روس. | 21:20 | مات. 2:3؛ مار. 15:1؛ لۇقا 47:24. |

روس. 24:20 روس. 13:21؛ گال. 1:1؛ تت. 3:1.
روس. 28:20 ئەف. 7:1؛ كول. 14:1؛ 1پېت. 19:1؛ 2:5؛ ۋەھ. 9:5.
روس. 29:20 2پېت. 1:2.
روس. 30:20 زەب. 9:41؛ مات. 21:16؛ روس. 17:1؛ 1يۇھ. 19:2.
روس. 33:20 1كور. 12:9؛ 2كور. 9:11؛ 13:12.
روس. 34:20 روس. 3:18؛ 1كور. 12:4؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېس. 8:3.
روس. 36:20 روس. 5:21.
روس. 4:21 روس. 23:20؛ 12:21.
روس. 8:21 روس. 5:6؛ 29:8.
روس. 9:21 يو. 29:2ـ28؛ روس. 17:2.
روس. 10:21 روس. 28:11.
روس. 11:21 روس. 23:20؛ 33:21.
روس. 14:21 مات. 10:6؛ لۇقا 2:11؛ 42:22.
روس. 25:21 يار. 4:9؛ مىس. 3:20؛ روس. 23:15؛ 1كور. 1:8.
روس. 26:21 روس. 6:24.
روس. 29:21 روس. 4:20؛ 2تىم. 20:4.
روس. 33:21 روس. 11:21.
روس. 36:21 لۇقا 18:23؛ يۇھ. 15:19؛ روس. 22:22.
روس. 39:21 روس. 30:9،11.
روس. 3:22 روس. 34:5؛ 11:9؛ 39:21؛ 2كور. 22:11
روس. 4:22 روس. 3:8؛ 1:9؛ 9:26؛ 1كور. 9:15؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.
روس. 6:22 1كور. 8:15؛ 2كور. 2:12.
روس. 9:22 دان. 7:10.
روس. 12:22 روس. 17:9.
روس. 18:22 مات. 14:10.
روس. 19:22 روس. 4:22.
روس. 20:22 روس. 58:7؛ 1:8.

| | | |
|---|---|---|
| روس. | 21:22 | روس. 15:9؛ 2:13؛ گال. 1:15؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 11:1. |
| روس. | 22:22 | روس. 36:21. |
| روس. | 1:23 | روس. 16:24. |
| روس. | 2:23 | 1پاد. 24:22؛ يەر. 2:20؛ يـۇھ. 22:18. |
| روس. | 3:23 | قان. 9:17. |
| روس. | 5:23 | مىس. 27:22. |
| روس. | 6:23 | روس. 21:24؛ 6:26؛ فىل. 5:3. |
| روس. | 8:23 | مات. 23:22؛ مار. 18:12؛ لۇقا 27:20. |
| روس. | 9:23 | روس. 25:25؛ 31:26. |
| روس. | 11:23 | روس. 9:18. |
| روس. | 12:23 | روس. 30:23،29،21. |
| روس. | 20:23 | روس. 12:23. |
| روس. | 27:23 | روس. 33:21. |
| روس. | 1:24 | روس. 2:23. |
| روس. | 6:24ـ7 | روس. 28:21. |
| روس. | 12:24 | روس. 8:25؛ 17:28. |
| روس. | 16:24 | روس. 1:23. |
| روس. | 17:24 | روس. 29:11؛ رىم. 25:15. |
| روس. | 18:24 | روس. 27:21. |
| روس. | 21:24 | روس. 6:23؛ 20:28. |
| روس. | 23:24 | روس. 3:27؛ 16:28. |
| روس. | 8:25 | روس. 12:24؛ 17:28. |
| روس. | 11:25 | روس. 14:18. |
| روس. | 14:25 | روس. 27:24. |
| روس. | 25:25 | روس. 9:23؛ 31:26. |

روس. 6:26 يار. 15:3؛ 18:22؛ 26:4؛ 49:10؛ قان. 18:15؛ 2سام. 7:12؛ زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 7:14؛ 9:5؛ 40:10؛ يەر. 23:5؛ 33:14؛ ئەز. 34:23؛ 37:24؛ دان. 9:24؛ مك. 7:20.

روس. 9:26 روس. 8:3؛ 9:1؛ 22:4؛ 1كور. 15:9؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1.

روس. 17:26ـ18 يەش. 60:1.

روس. 20:26 روس. 9:28،19؛ 22:21،17.

روس. 21:26 روس. 21:30.

روس. 23:26 يەش. 60:3ـ1، 19، 20

روس. 29:26 1كور. 7:7.

روس. 31:26 روس. 23:9؛ 25:25.

روس. 3:27 روس. 24:23؛ 28:16.

روس. 34:27 مات. 10:30.

روس. 35:27 1سام. 9:13؛ يۇھ. 6:11؛ 1تىم. 4:3.

روس. 41:27 2كور. 11:25.

روس. 5:28 مار. 16:18؛ لۇقا 10:19.

روس. 6:28 روس. 14:11.

روس. 16:28 روس. 24:23؛ 27:3.

روس. 17:28 روس. 24:12؛ 25:8.

روس. 20:28 روس. 23:6؛ 24:21.

روس. 23:28 يار. 15:3؛ 18:22؛ 26:4؛ 49:10؛ قان. 18:15؛ 2سام. 7:12؛ زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 7:14؛ 9:5؛ 40:10؛ يەر. 23:5؛ 33:14؛ ئەز. 34:23؛ 37:24؛ دان. 9:24؛ مك. 7:20.

روس. 24:28 روس. 17:4.

روس. 26:28 يەش. 6:9؛ ئەز. 12:2؛ مات. 13:14؛ مار. 4:12؛ لۇقا 8:10؛ يۇھ. 12:40؛ رىم. 11:8.

روس. 27:28 يەش. 6:10،9.

# رىملىقلارغا

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 1:1 | روس. 15:9؛ 2:13؛ گال. 15:1. |
| رىم. | 2:1 | يار. 15:3؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ قان. 15:18؛ 2سام. 12:7؛ |
| | | زەب. 11:132؛ يەش. 2:4؛ 14:7؛ 5:9؛ 10:40؛ يەر. 5:23؛ |
| | 3 | 14:3؛ ئەز. 23:34؛ 24:37؛ دان. 24:9؛ مىك. 20:7. |
| رىم. | 3:1ـ4 | مات. 1:1؛ لۇقا 32:1؛ روس. 30:2؛ 23:13؛ 2تىم. 8:2؛ |
| | | يەش. 5:9؛ 6:44؛ 5:54؛ يـۇھ. 19:2؛ رىم. 5:9؛ 1يۇھ. 20:5. |
| رىم. | 7:1 | 1كور. 2:1؛ ئەف. 1:1. |
| رىم. | 9:1 | رىم. 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ |
| | | 1تېس. 5:2؛ 2تىم. 3:1. |
| رىم. | 10:1 | رىم. 32:15،23. |
| رىم. | 11:1 | رىم. 29:15؛ 1تېس. 10:3. |
| رىم. | 13:1 | 1تېس. 18:2. |
| رىم. | 14:1 | 1كور. 16:9. |
| رىم. | 16:1 | زەب. 10:40ـ9؛ 1كور. 18:1؛ 2:15؛ 2تىم. 8:1. |
| رىم. | 17:1 | هاب. 4:2؛ يـۇھ. 36:3؛ رىم. 21:3؛ گال. 11:3؛ |
| | | فىل. 9:3؛ ئىبر. 38:10. |
| رىم. | 19:1 | روس. 17:14. |
| رىم. | 20:1 | زەب. 2:19ـ1 |
| رىم. | 21:1 | قان. 28:28 |
| رىم. | 23:1 | 2پاد. 29:17. |
| رىم. | 26:1 | لاۋ. 23:18،22. |
| رىم. | 32:1 | هوش. 3:7. |
| رىم. | 1:2 | 2سام. 5:12؛ مات. 1:7؛ 1كور. 5:4. |
| رىم. | 4:2 | 2پېت. 15:3. |
| رىم. | 5:2 | رىم. 22:9. |

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 6:2 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 12:14؛ 1كور. 3:8؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22. |
| رىم. | 8:2 | 2تېس. 8:1. |
| رىم. | 11:2 | قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1. |
| رىم. | 13:2 | مات. 21:7؛ ياق. 22:1؛ 1يۇھ. 7:3. |
| رىم. | 16:2 | مات. 31:25. |
| رىم. | 17:2 | رىم. 4:9. |
| رىم. | 24:2 | يەش. 5:52؛ ئەز. 2:36. |
| رىم. | 28:2 | يۇھ. 39:8؛ رىم. 7:9. |
| رىم. | 29:2 | قان. 16:10؛ يەر. 4:4؛ فىل. 2:3، 3؛ كول. 11:2. |
| رىم. | 2:3 | زەب. 19:147؛ رىم. 4:9. |
| رىم. | 3:3 | چۆل. 19:23؛ رىم. 6:9؛ 2تىم. 13:2. |
| رىم. | 4:3 | زەب. 4:51؛ 11:116؛ يۇھ. 33:3. |
| رىم. | 9:3 | گال. 22:3. |
| رىم. | 10:3 | زەب. 3:14؛ 3:53 |
| رىم. | 12:3 | زەب. 3:14-1؛ 3:53-1؛ توپ. 20:7 |
| رىم. | 13:3 | زەب. 9:5؛ 4:140. |
| رىم. | 14:3 | زەب. 7:10 |
| رىم. | 15:3 | پەند. 16:1؛ يەش. 7:59. |
| رىم. | 17:3 | يەش. 7،8:59 |
| رىم. | 18:3 | زەب. 1:36 |
| رىم. | 20:3 | رىم. 7:7؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 18:7. |
| رىم. | 21:3 | رىم. 17:1؛ فىل. 9:3. |
| رىم. | 24:3 | يەش. 5:53. |
| رىم. | 25:3 | مىس. 17:25؛ 2كور. 19:5؛ كول. 20:1؛ ئىبر. 16:4؛ 1يۇھ. 10:4. |

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 28:3 | روس. 38:13؛ رىم. 3:8؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 25:7. |
| رىم. | 1:4 | يەش. 2:51. |
| رىم. | 3:4 | يار. 6:15؛ گال. 6:3؛ ياق. 23:2. |
| رىم. | 7:4 | زەب. 1:32 |
| رىم. | 8:4 | زەب. 1:32، 2 |
| رىم. | 9:4 | يار. 6:15 |
| رىم. | 11:4 | يار. 11:17. |
| رىم. | 14:4 | گال. 18:3. |
| رىم. | 15:4 | يۇھ. 22:15؛ رىم. 20:5؛ 8:7؛ گال. 19:3. |
| رىم. | 16:4ـ17 | يەش. 2:51؛ يار. 5:17. |
| رىم. | 18:4 | يار. 5:15؛ ئىبر. 12:11. |
| رىم. | 20:4 | يۇھ. 56:8؛ ئىبر. 11:11، 18. |
| رىم. | 21:4 | زەب. 3:115 |
| رىم. | 22:4 | يار. 6:15. |
| رىم. | 23:4ـ25 | رىم. 4:15. |
| رىم. | 1:5 | يەش. 17:32؛ يۇھ. 33:16؛ ئەف. 13:2. |
| رىم. | 2:5 | يۇھ. 9:10؛ 6:14؛ 1كور. 1:15؛ ئەف. 18:2؛ 12:3؛ ئىبر. 6:3؛ 19:10. |
| رىم. | 3:5ـ4 | ياق. 3:1. |
| رىم. | 6:5 | ئەف. 1:2؛ كول. 13:2؛ ئىبر. 15:9؛ 1پېت. 18:3. |
| رىم. | 8:5 | ئىبر. 15:9؛ 1پېت. 18:3. |
| رىم. | 12:5 | يار. 17:2؛ 6:3؛ 1كور. 21:15. |
| رىم. | 20:5 | لۇقا 47:7؛ يۇھ. 22:15؛ رىم. 15:4؛ 8:7؛ گال. 19:3 |
| رىم. | 3:6 | گال. 27:3. |
| رىم. | 4:6 | رىم. 11:8؛ ئەف. 23:4؛ فىل. 11:3،10؛ كول. 12:2؛ 10:3؛ ئىبر. 1:12؛ 1پېت. 2:2. |
| رىم. | 5:6 | رىم. 11:8؛ كول. 1:3. |
| رىم. | 6:6 | گال. 20:2؛ 24:5؛ فىل. 10:3؛ 1پېت. 1:4، 2. |

| | | |
|---|---|---|
| رم. | 7:6 | 1پېت. 1:4. |
| رم. | 8:6 | 2تىم. 11:2. |
| رم. | 9:6 | ۋەھ. 18:1. |
| رم. | 10:6 | 1پېت. 24:2. |
| رم. | 13:6 | لۇقا 74:1؛ رىم. 1:12؛ گال. 20:2؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 2:4. |
| رم. | 16:6 | يـۇھ. 34:8؛ 2پېت. 19:2. |
| رم. | 18:6 | يـۇھ. 32:8؛ گال. 1:5؛ 1پېت. 16:2. |
| رم. | 20:6 | يـۇھ. 34:8. |
| رم. | 23:6 | يار. 17:2؛ رىم. 12:5؛ 1كور. 21:15؛ ياق. 15:1. |
| رم. | 2:7 | 1كور. 2،10،39:7. |
| رم. | 3:7 | مات. 32:5. |
| رم. | 4:7 | گال. 19:2؛ 1پېت. 1:4. |
| رم. | 6:7 | رىم. 29:2؛ 2كور. 6:3. |
| رم. | 7:7 | مىس. 17:20؛ قان. 21:5؛ رىم. 20:3؛ ئىبر. 18:7. |
| رم. | 8:7 | يـۇھ. 22:15؛ رىم. 15:4؛ 20:5؛ گال. 19:3. |
| رم. | 12:7 | 1تىم. 8:1. |
| رم. | 14:7 | يەش. 3:52. |
| رم. | 15:7 | گال. 17:5. |
| رم. | 18:7 | يار. 3،5:6؛ 21:8. |
| رم. | 22:7 | ئەف. 16:3. |
| رم. | 23:7 | گال. 17:5. |
| رم. | 2:8 | يـۇھ. 36:8؛ رىم. 18:6، 22؛ گال. 1:5. |
| رم. | 3:8 | روس. 39:13؛ رىم. 28:3؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 18:7. |
| رم. | 5:8 | 1كور. 14:2. |
| رم. | 9:8 | 1كور. 16:3. |
| رم. | 11:8 | رىم. 4:6، 5؛ 1كور. 14:6؛ 2كور. 14:4؛ ئەف. 5:2؛ كول. 13:2. |
| رم. | 14:8 | گال. 18:5. |

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 15:8 | يەش. 5:56؛ 1كور. 12:2؛ گال. 26:3؛ 5:4، 6؛ 2تىم. 7:1. |
| رىم. | 16:8 | 2كور. 22:1؛ 5:5؛ ئەف. 13:1؛ 30:4. |
| رىم. | 17:8 | 2تىم. 12:2،11. |
| رىم. | 18:8 | مات. 12:5؛ 2كور. 10:4، 17؛ فىل. 20:3؛ 1پېت. 13:4؛ 1يۇھ. 1:3، 2. |
| رىم. | 22:8 | ۋەھ. 13:5 |
| رىم. | 23:8 | لۇقا 28:21. |
| رىم. | 26:8 | مات. 22:20؛ ياق. 3:4. |
| رىم. | 29:8 | كول. 18:1. |
| رىم. | 31:8 | چۆل. 8:14. |
| رىم. | 32:8 | يار. 12:22؛ يەش. 5:53؛ يـۇھ. 16:3. |
| رىم. | 33:8 | يەش. 8:50. |
| رىم. | 34:8 | ئىبر. 25:7. |
| رىم. | 36:8 | زەب. 22:44؛ 1كور. 9:4؛ 2كور. 11:4. |
| رىم. | 1:9 | رىم. 9:1؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 27:5. |
| رىم. | 3:9-4 | مىس. 32:32؛ رىم. 1:10؛ مىس. 22:4؛ قان. 6:7؛ رىم. 17:2؛ 2:3؛ ئەف. 12:2. |
| رىم. | 5:9 | يەر. 6:23؛ يـۇھ. 1:1؛ روس. 28:20؛ رىم. 4:1؛ ئىبر. 10:1،9،8. |
| رىم. | 6:9 | چۆل. 19:23؛ يـۇھ. 39:8؛ رىم. 28:2؛ 3:3؛ 2تىم. 13:2. |
| رىم. | 7:9 | يار. 12:21؛ گال. 29:3؛ 23:4؛ ئىبر. 18:11. |
| رىم. | 8:9 | گال. 28:4. |
| رىم. | 9:9 | يار. 10:18. |
| رىم. | 10:9 | يار. 21:25. |
| رىم. | 11:9-12 | يار. 23:25. |
| رىم. | 13:9 | مال. 3:1-2. |
| رىم. | 14:9 | قان. 4:32؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 10:34. |

| | | |
|---|---|---|
| رىم. | 15:9 | مىس. 19:33. |
| رىم. | 17:9 | مىس. 16:9. |
| رىم. | 20:9 | يەش. 16:29؛ 9:45؛ يەر. 6:18. |
| رىم. | 21:9 | 2تىم. 20:2. |
| رىم. | 25:9 | هوش. 25:2 |
| رىم. | 26:9 | هوش. 1:2؛ 1پېت. 10:2. |
| رىم. | 27:9 | يەش. 22:10. |
| رىم. | 28:9 | يەش. 22:10، 23. |
| رىم. | 29:9 | يار. 24:19؛ يەش. 9:1؛ 19:13؛ يەر. 40:50؛ ئەز. 46:16. |
| رىم. | 31:9 | رىم. 2:10؛ 7:11. |
| رىم. | 33:9 | زەب. 12:2؛ 22:118؛ پەند. 20:16؛ يەش. 14:8؛ 16:28؛ يەر. 7:17؛ مات. 42:21؛ 1پېت. 6:2. |
| رىم. | 2:10 | روس. 3:22؛ رىم. 31:9؛ گال. 17:4. |
| رىم. | 4:10 | مات. 17:5؛ روس. 38:13؛ 2كور. 13:3؛ گال. 24:3. |
| رىم. | 5:10 | لاۋ. 5:18؛ ئەز. 11:20؛ گال. 12:3. |
| رىم. | 6:10 | قان. 12:30. |
| رىم. | 7:10 | قان. 13:30 |
| رىم. | 8:10 | قان. 14:30ـ12. |
| رىم. | 11:10 | يەش. 16:28؛ رىم. 33:9. |
| رىم. | 12:10 | روس. 9:15؛ رىم. 22:3. |
| رىم. | 13:10 | يو. 32:2؛ روس. 21:2. |
| رىم. | 15:10 | يەش. 7:52؛ ناھ. 1:2. |
| رىم. | 16:10 | يەش. 1:53؛ يۇھ. 38:12. |
| رىم. | 18:10 | زەب. 4:19 |
| رىم. | 19:10 | قان. 21:32. |
| رىم. | 20:10 | يەش. 1:65. |
| رىم. | 21:10 | يەش. 2:65. |
| رىم. | 1:11 | يەر. 37:31؛ 2كور. 22:11؛ فىل. 5:3. |

رىم. 3:11 1پاد. 14:19،10.

رىم. 4:11 1پاد. 18:19.

رىم. 5:11 رىم. 27:9.

رىم. 6:11 قان. 4:9.

رىم. 7:11 رىم. 31:9.

رىم. 8:11 قان. 2:29؛ يەش. 9:6؛ 10:29؛ ئەز. 2:12؛ مات. 14:13؛ مار. 12:4؛ لۇقا 10:8؛ يـۇھ. 40:12؛ روس. 26:28.

رىم. 9:11 زەب. 22:69

رىم. 10:11 زەب. 23:69ـ22

رىم. 13:11 روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 16:1؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 11:1.

رىم. 16:11 چۆل. 20:15

رىم. 23:11 2كور. 16:3.

رىم. 25:11 لۇقا 24:21.

رىم. 26:11 زەب. 7:14؛ يەش. 9:27؛ 20:59؛ يەر. 31:31، 32، 33، 34؛ 2كور. 16:3؛ ئىبر. 8:8؛ 16:10.

رىم. 27:11 يەش. 20:59، 21؛ دان. 24:9

رىم. 32:11 گال. 22:3.

رىم. 34:11 يەش. 13:40؛ 1كور. 16:2.

رىم. 35:11 ئايۇپ 3:41.

رىم. 36:11 پەند. 4:16؛ 1كور. 6:8.

رىم. 1:12 رىم. 16:6،13؛ 1پېت. 5:2.

رىم. 2:12 ئەف. 17:5؛ 1تېس. 3:4؛ 1يۇھ. 15:2.

رىم. 3:12 رىم. 5:1؛ 1كور. 11:12؛ ئەف. 7:4.

رىم. 4:12 1كور. 27:12؛ ئەف. 23:1؛ 16:4؛ 23:5؛ كول. 24:1.

رىم. 5:12 1كور. 4:12؛ 2كور. 13:10؛ 1پېت. 10:4.

رىم. 6:12 1كور. 4:12.

رىم. 7:12 1كور. 10:12؛ 1پېت. 10:4، 11.

رىم. 8:12 قان. 7:15؛ مات. 6:1، 2، 3؛ 2كور. 7:9.
رىم. 10:12 ئەف. 2:4؛ فىل. 3:2؛ 1پېت. 5:5؛ ئىبر. 1:13؛ 1پېت. 22:1؛ 17:2.
رىم. 12:12 لۇقا 1:18؛ رىم. 13:15؛ ئەف. 18:6؛ كول. 2:4؛ 1تېس. 16،17:5؛ ئىبر. 36:10؛ 1:12؛ ياق. 7:5.
رىم. 13:12 1كور. 1:16؛ ئىبر. 2:13؛ 1پېت. 9:4.
رىم. 14:12 مات. 44:5؛ 1كور. 12:4.
رىم. 16:12 پەند. 7:3؛ يەش. 21:5؛ رىم. 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 2:2؛ 16:3؛ 1پېت. 8:3.
رىم. 17:12 پەند. 22:20؛ مات. 39:5؛ 1كور. 7:6؛ 2كور. 21:8؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 12:2.
رىم. 18:12 مار. 50:9؛ ئىبر. 14:12.
رىم. 19:12 قان. 35:32؛ مات. 39:5؛ لۇقا 29:6؛ ئىبر. 30:10.
رىم. 20:12 پەند. 22:25ـ21؛ مات. 44:5.
رىم. 1:13 پەند. 15:8؛ دان. 29:4؛ تىت. 1:3؛ 1پېت. 13:2.
رىم. 8:13 گال. 14:5؛ 1تىم. 5:1.
رىم. 9:13 مىس. 17:20ـ13؛ لاۋ. 18:19؛ قان. 19:5ـ17؛ مات. 18:19؛ 39:22؛ مار. 31:12؛ گال. 14:5؛ ياق. 8:2.
رىم. 11:13 ئەف. 14:5؛ 1تېس. 6:5.
رىم. 12:13 كول. 8:3؛ 1تېس. 5:5.
رىم. 13:13 لۇقا 34:21؛ 1كور. 10:6؛ ئەف. 5:5؛ فىل. 8:4؛ 1تېس. 12:4؛ 6:5؛ ياق. 14:3.
رىم. 14:13 گال. 27:3؛ 1پېت. 11:2.
رىم. 2:14 پەند. 7:15
رىم. 4:14 ياق. 12:4.
رىم. 5:14 گال. 10:4؛ كول. 16:2.
رىم. 6:14 1كور. 31:10؛ 1تىم. 3:4.
رىم. 7:14 2كور. 15:5؛ گال. 20:2؛ 1تېس. 10:5؛ 1پېت. 2:4.

رىم. 10:14 مات. 31:25؛ 2كور. 10:5.

رىم. 11:14 يەش. 23:45؛ 18:49؛ فىل. 10:2.

رىم. 12:14 زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛
1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22.

رىم. 13:14 1كور. 32:10؛ 2كور. 3:6.

رىم. 14:14 مات. 11:15؛ روس. 15:10؛ 1كور. 4:8؛ 1تىم. 4:4.

رىم. 15:14 1كور. 11:8.

رىم. 17:14 1كور. 8:8.

رىم. 20:14 تىت. 15:1.

رىم. 21:14 1كور. 13:8.

رىم. 23:14 تىت. 15:1.

رىم. 1:15 1كور. 22:9؛ گال. 1:6

رىم. 3:15 زەب. 9:69ـ7؛ يەش. 4:53، 5.

رىم. 4:15 رىم. 23:4، 24.

رىم. 5:15 رىم. 16:12؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 2:2؛ 16:3؛ 1پېت. 8:3.

رىم. 9ـ8:15 2سام. 50:22؛ زەب. 50:18ـ49.

رىم. 10:15 قان. 43:32.

رىم. 11:15 زەب. 1:117

رىم. 12:15 يەش. 10:11؛ ۋەھ. 5:5؛ 16:22.

رىم. 21:15 يەش. 15:52.

رىم. 22:15 رىم. 13:1؛ 1تېس. 18:2.

رىم. 24ـ23:15 رىم. 10:1؛ 32:15؛ 1تېس. 10:3؛ 2تىم. 4:1.

رىم. 25:15 روس. 21:19؛ 17:24.

رىم. 29:15 رىم. 11:1.

رىم. 30:15 2كور. 11:1.

رىم. 31:15 2تېس. 2:3.

رىم. 32:15 رىم. 10:1؛ 23:15.

رىم. 3:16 روس. 2،26:18.

رىم. 16:16 1كور. 20:16؛ 2كور. 12:13؛ 1تېس. 26:5؛ 1پېت. 14:5.
رىم. 17:16 مات. 17:18؛ كول. 8:2؛ 2تېس. 6:3؛ 2تىم. 5:3؛
تىت. 10:3؛ 2يۇھ. 10.
رىم. 18:16 ئەز. 18:13؛ فىل. 19:3.
رىم. 19:16 مات. 16:10؛ 1كور. 20:14.
رىم. 21:16 روس. 1:13؛ 1:16؛ 5:17؛ 4:20؛ فىل. 19:2؛ كول. 1:1؛
1تېس. 2:3؛ 1تىم. 2:1.
رىم. 23:16 روس. 22:19؛ 2تىم. 20:4.
رىم. 25:16 ئەف. 9:1؛ 20:3،9؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 10:1؛ تىت. 2:1؛
1پېت. 20:1.

# كورىنتلىقلارغا «1»

1كور. 1:1-2 يـۇھ. 19:17؛ روس. 9:15؛ رىم. 7:1؛ ئەف. 1:1؛
1تېس. 7:4؛ 2تىم. 22:2.
1كور. 3:1 رىم. 7:1؛ 2كور. 2:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1.
1كور. 5:1 كول. 9:1.
1كور. 7:1 فىل. 20:3؛ تىت. 13:2.
1كور. 8:1 1تېس. 13:3؛ 23:5.
1كور. 9:1 يەر. 44:32-40؛ يـۇھ. 5:15؛ 1كور. 13:10؛
گال. 20:2؛ 1تېس. 24:5؛ 1يۇھ. 3:1.
1كور. 10:1 رىم. 16:12؛ 5:15؛ فىل. 2:2؛ 16:3؛ 1پېت. 8:3.
1كور. 12:1 روس. 24:18؛ 1كور. 4:3؛ 12:16.
1كور. 14:1 روس. 8:18؛ رىم. 23:16.
1كور. 16:1 1كور. 17:16،15.
1كور. 17:1 1كور. 1:2، 4؛ 2پېت. 16:1.
1كور. 18:1 رىم. 16:1.

| | | |
|---|---|---|
| 1كور. | 19:1 | ئايۇپ 12:5؛ يەش. 14:29. |
| 1كور. | 20:1 | يەش. 18:33. |
| 1كور. | 21:1 | مات. 25:11؛ لۇقا 21:10. |
| 1كور. | 22:1 | مات. 38:12؛ 1:16؛ يـۇھ. 48:4. |
| 1كور. | 23:1 | مات. 6:11. يـۇھ. 66:6،60. |
| 1كور. | 24:1 | كول. 3:2. |
| 1كور. | 26:1 | يـۇھ. 48:7؛ ياق. 5:2. |
| 1كور. | 30:1 | يەر. 5:23؛ يـۇھ. 19:17. |
| 1كور. | 31:1 | يەش. 16:65؛ يەر. 23:9ـ22؛ 2كور. 17:10. |
| 1كور. | 1:2 | 1كور. 17:1؛ 4:2. |
| 1كور. | 3:2 | روس. 1:18، 3؛ 2كور. 10:10. |
| 1كور. | 4:2 | 1كور. 17:1؛ 1:2؛ 2پېت. 16:1. |
| 1كور. | 5:2 | 2كور. 7:4. |
| 1كور. | 6:2 | ئايۇپ 21:28؛ 1كور. 24:15. |
| 1كور. | 7:2 | رىم. 25:16؛ 1كور. 1:4. |
| 1كور. | 8:2 | مات. 25:11؛ يـۇھ. 48:7؛ 3:16؛ روس. 17:3؛ 27:13؛ 2كور. 14:3؛ 1تىم. 13:1. |
| 1كور. | 9:2 | يەش. 3:64. |
| 1كور. | 10:2 | مات. 11:13؛ 2كور. 18:3. |
| 1كور. | 11:2 | پەند. 19:27؛ يەر. 9:17. |
| 1كور. | 12:2 | رىم. 15:8. |
| 1كور. | 13:2 | 1كور. 17:1؛ 4:2؛ 2پېت. 16:1 |
| 1كور. | 15:2 | پەند. 5:28. |
| 1كور. | 16:2 | يەش. 13:40؛ رىم. 34:11. |
| 1كور. | 2:3 | ئىبر. 12:5؛ 1پېت. 2:2. |
| 1كور. | 3:3 | 1كور. 11:1؛ گال. 19:5؛ ياق. 16:3. |
| 1كور. | 4:3 | 1كور. 12:1. |
| 1كور. | 5:3 | روس. 24:18؛ 1كور. 12:1؛ 12:16. |

| | | |
|---|---|---|
| 1كور. | 6:3 | روس. 26:18؛ 1:19. |
| 1كور. | 8:3 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22. |
| 1كور. | 9:3 | 2كور. 1:6؛ ئەف. 20:2؛ كول. 7:2؛ 1پېت. 5:2. |
| 1كور. | 11:3 | يەش. 16:28؛ مات. 18:16. |
| 1كور. | 13:3 | يەش. 20:8؛ 10:48؛ يەر. 29:23؛ 1پېت. 7:1؛ 12:4. |
| 1كور. | 16:3 | 1كور. 19:6؛ 2كور. 16:6؛ ئىبر. 6:3؛ 1پېت. 5:2. |
| 1كور. | 18:3 | پەند. 7:3؛ يەش. 21:5. |
| 1كور. | 19:3ـ20 | ئايۇپ 13:5؛ زەب. 11:94. |
| 1كور. | 1:4 | مات. 45:24؛ 2كور. 4:6؛ كول. 25:1؛ تىت. 7:1. |
| 1كور. | 2:4 | لۇقا 42:12. |
| 1كور. | 4:4 | مىس. 7:34؛ ئايۇپ 2:9؛ زەب. 2:143. |
| 1كور. | 5:4 | دان. 10:7؛ مات. 1:7؛ رىم. 1:2؛ ۋەھ. 12:20. |
| 1كور. | 6:4 | پەند. 7:3؛ رىم. 3:12. |
| 1كور. | 7:4 | يـۇھ. 27:3؛ ياق. 17:1. |
| 1كور. | 9:4 | زەب. 22:44؛ رىم. 36:8؛ 2كور. 11:4؛ ئىبر. 33:10. |
| 1كور. | 10:4 | 1كور. 3:2. |
| 1كور. | 11:4 | روس. 2:23. |
| 1كور. | 12:4 | مات. 44:5؛ لۇقا 28:6؛ 34:23؛ روس. 60:7؛ 3:18؛ 34:20؛ رىم. 14:12؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېـس. 8:3. |
| 1كور. | 14:4 | 1تېس. 11:2. |
| 1كور. | 15:4 | روس. 11:18؛ گال. 19:4؛ فلم. 10؛ ياق. 18:1. |
| 1كور. | 16:4 | 1كور. 1:11؛ فىل. 17:3؛ 1تېس. 6:1؛ 2تېـس. 9:3. |
| 1كور. | 19:4 | روس. 21:18؛ ئىبر. 3:6؛ ياق. 15:4. |
| 1كور. | 20:4 | 1كور. 4:2؛ 1تېس. 5:1؛ 2پېت. 16:1. |
| 1كور. | 1:5 | لاۋ. 8:18؛ قان. 20:27. |
| 1كور. | 5:5 | 1تىم. 20:1. |
| 1كور. | 6:5 | گال. 9:5. |

1كور. 7:5 يەش. 7:53؛ يـۇھ. 29:1؛ 1كور. 3:15.

1كور. 8:5 مىس. 15:12،3؛ قان. 3:16.

1كور. 9:5 قان. 2:7؛ مات. 17:18؛ 2كور. 14:6؛ ئەف. 11:5؛ 2تېـس. 14:3.

1كور. 11:5 چۆل. 14:12؛ مات. 17:18؛ 2تېـس. 14:3؛ 2يۇھ. 10.

1كور. 13:5 قان. 7:17

1كور. 2:6 مات. 28:19؛ لۇقا 30:22.

1كور. 7:6 پەند. 22:20؛ مات. 39:5؛ رىم. 17:12؛ 1تېس. 15:5؛ 1پېت. 9:3.

1كور. 9:6 گال. 19:5؛ ئەف. 5:5؛ ۋەھ. 15:22.

1كور. 11:6 ئەف. 2:2؛ كول. 7:3؛ تىت. 3:3؛ ئىبر. 22:10.

1كور. 12:6 1كور. 23:10.

1كور. 14:6 رىم. 11:8؛ 2كور. 14:4.

1كور. 16:6 يار. 24:2؛ مات. 5:19؛ مار. 8:10؛ ئەف. 31:5.

1كور. 17:6 ئەز. 28:36ـ26؛ 1كور. 13:12؛ يار. 24:2

1كور. 19:6 1كور. 16:3؛ 2كور. 16:6؛ ئەف. 21:2؛ ئىبر. 6:3؛ 1پېت. 5:2.

1كور. 20:6 1كور. 23:7؛ گال. 13:3؛ ئىبر. 12:9؛ 1پېت. 18:1.

1كور. 3:7 1پېت. 7:3.

1كور. 5:7 يو. 16:2.

1كور. 7:7 مات. 12:19؛ روس. 29:26؛ 1كور. 11:12.

1كور. 9:7 1تىم. 14:5.

1كور. 10:7 مال. 14:2؛ مات. 32:5؛ 9:19؛ مار. 11:10؛ لۇقا 18:16.

1كور. 16:7 1پېت. 1:3.

1كور. 20:7 ئەف. 1:4؛ فىل. 27:1؛ كول. 10:1؛ 1تېس. 12:2.

1كور. 23:7 1كور. 20:6؛ ئىبر. 12:9؛ 1پېت. 18:1.

1كور. 31:7 يەش. 6:40؛ ياق. 10:1؛ 14:4؛ 1پېت. 24:1؛ 1يۇھ. 17:2.

1كور. 32:7 1تىم. 5:5.

1كور. 39:7 رىم. 2:7.

1كور. 40:7 1تېس. 8:4.

1كور. 4:8 قان. 39:4؛ رىم. 14:14؛ 1كور. 19:10؛ ئەف. 6:4.

1كور. 6:8 مال. 10:2؛ يـۇھ. 13:13؛ 1كور. 3:12؛ ئەف. 6:4؛ فىل. 11:2.

1كور. 7:8 1كور. 28:10.

1كور. 8:8 رىم. 17:14.

1كور. 9:8 گال. 13:5.

1كور. 11:8 رىم. 15:14.

1كور. 13:8 رىم. 21:14؛ 2كور. 29:11.

1كور. 1:9 روس. 9:17،3؛ 22:18،14؛ 23:11؛ 1كور. 4:15؛ 15:8؛
2كور. 12:2.

1كور. 4:9 1كور. 9:14؛ 1تېس. 2:6؛ 2تېـس. 3:9.

1كور. 5:9 مات. 8:14.

1كور. 7:9 يـۇھ. 21:15؛ 1كور. 3:6، 7، 8؛ 2كور. 10:4؛ 1پېت. 5:2.

1كور. 9:9 قان. 25:4؛ 1تىم. 5:18.

1كور. 11:9 رىم. 15:27؛ گال. 6:6.

1كور. 12:9 روس. 20:33؛ 2كور. 11:9؛ 12:13.

1كور. 13:9 قان. 18:1.

1كور. 14:9 لاۋ. 19:13؛ قان. 24:14؛ 25:4؛ مات. 10:10؛ لۇقا 10:7؛
1تىم. 5:18.

1كور. 20:9 روس. 16:3؛ 18:18؛ 21:23.

1كور. 21:9 گال. 2:3.

1كور. 22:9 رىم. 15:1؛ 1كور. 10:33؛ گال. 6:1.

1كور. 24:9 گال. 2:2؛ 5:7؛ فىل. 2:16؛ 2تىم. 4:7؛ ئىبر. 6:18.

1كور. 25:9 2تىم. 2:4؛ 4:8،7؛ 1پېت. 4:1؛ 5:4.

1كور. 1:10 مىس. 13:21؛ 14:22؛ چۆل. 9:18؛ قان. 1:33؛ يە. 4:23؛
نەھ. 9:19،12؛ زەب. 78:14،13؛ 105:39.

1كور. 2:10 مىس. 13:22ـ20؛ 14:19، 20.

1كور. 3:10 مىس. 16:15.

1كور. 4:10 مس. 6:17؛ چۆل. 11:20؛ زەب. 15ـ16:78
1كور. 5:10 چۆل. 65:26.
1كور. 6:10 چۆل. 11:33،4؛ زەب. 14:106.
1كور. 7:10 مس. 6:32.
1كور. 8:10 چۆل. 1:25، 9؛ زەب. 28ـ29:106.
1كور. 9:10 چۆل. 5:21؛ زەب. 14:106
1كور. 10:10 مس. 2:16؛ 2:17؛ چۆل. 36:14؛ زەب. 25ـ26:106
1كور. 11:10 رىم. 4:15؛ 1كور. 10:9؛ فىل. 5:4؛ ئىبر. 25:10.
1كور. 13:10 1كور. 8:1؛ 1تېس. 24:5؛ 2پېت. 9:2.
1كور. 17:10 رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12.
1كور. 19:10 1كور. 4:8.
1كور. 20:10 لاۋ. 7:17؛ قان. 17:32.
1كور. 23:10 1كور. 12:6.
1كور. 24:10 1كور. 5:13؛ فىل. 4:2.
1كور. 26:10 مس. 5:19؛ زەب. 1:24؛ 12:50؛ 11:89
1كور. 27:10 لۇقا 7:10؛ 1كور. 7:8.
1كور. 30:10 رىم. 6:14؛ 1تىم. 3:4.
1كور. 31:10 كول. 17:3.
1كور. 32:10ـ33 رىم. 13:14؛ 1كور. 22:9.
1كور. 1:11ـ2 1كور. 16:4؛ فىل. 17:3؛ 1تېس. 6:1؛ 2تېس. 9:3.
1كور. 3:11 يـۇھ. 28:14؛ 1كور. 23:3؛ 27:15؛ ئەف. 23:5.
1كور. 6:11 چۆل. 18:5؛ قان. 5:22.
1كور. 7:11 يار. 27:1،26؛ 1:5؛ 6:9؛ كول. 10:3.
1كور. 8:11 يار. 18:2، 21.
1كور. 16:11 1تىم. 4:6.
1كور. 19:11 مات. 7:18؛ لۇقا 1:17؛ روس. 30:20؛ 1يۇھ. 19:2.
1كور. 20:11 لۇقا 14ـ20:22.
1كور. 23:11 مات. 26:26؛ مار. 22:14؛ لۇقا 19:22.

| | | |
|---|---|---|
| 1كور. | 26:11 | يـۇھ. 3:14؛ روس. 11:1. |
| 1كور. | 27:11 | چۆل. 13:9،10؛ يـۇھ. 6:64،63،51؛ 27:13؛ 1كور. 21:10. |
| 1كور. | 28:11 | 2كور. 5:13. |
| 1كور. | 31:11 | زەب. 5:32؛ پەند. 17:18. |
| 1كور. | 3:12 | مار. 39:9؛ يـۇھ. 13:13؛ 1كور. 6:8. |
| 1كور. | 4:12 | رىم. 6:12؛ 1پېت. 10:4. |
| 1كور. | 11:12 | رىم. 3:12، 6؛ 1كور. 7:7؛ 2كور. 13:10؛ ئەف. 7:4. |
| 1كور. | 12:12 | رىم. 4:12، 5؛ ئەف. 16:4. |
| 1كور. | 13:12 | گال. 28:3. |
| 1كور. | 27:12 | رىم. 5:12؛ ئەف. 23:1؛ 12:4؛ 23:5؛ كول. 24:1. |
| 1كور. | 28:12 | ئەف. 20:2؛ 11:4. |
| 1كور. | 2:13 | مات. 22:7؛ 20:17؛ 21:21؛ مار. 23:11؛ لۇقا 6:17؛ رىم. 7:12. |
| 1كور. | 4:13 | پەند. 12:10؛ 1پېت. 8:4. |
| 1كور. | 5:13 | 1كور. 24:10؛ فىل. 4:2. |
| 1كور. | 6:13 | 2يۇھ. 4. |
| 1كور. | 12:13 | 2كور. 18:3. |
| 1كور. | 15:14 | ئەف. 19:5؛ كول. 16:3. |
| 1كور. | 20:14 | مات. 3:18؛ 14:19؛ ئەف. 14:4؛ 1پېت. 1:2، 2. |
| 1كور. | 21:14 | قان. 49:28؛ يەش. 12:28ـ11. |
| 1كور. | 34:14 | يار. 16:3؛ ئەف. 22:5؛ كول. 18:3؛ 1تىم. 12:2؛ تىت. 5:2؛ 1پېت. 1:3. |
| 1كور. | 2:15 | رىم. 16:1؛ 1كور. 21:1. |
| 1كور. | 3:15 | يەش. 7:53؛ دان. 26:9،24؛ 1كور. 7:5؛ 1پېت. 24:2. |
| 1كور. | 4:15 | زەب. 10:16؛ يەش. 8:53، 9؛ يۇن. 1:2؛ مات. 40:12 |
| 1كور. | 5:15 | لۇقا 34:24؛ يـۇھ. 19:20؛ روس. 41:10. |
| 1كور. | 8:15 | روس. 17:9،3؛ 11:23؛ 1كور. 1:9؛ 2كور. 2:12. |
| 1كور. | 9:15 | ئەف. 8:3؛ روس. 3:8؛ 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛ گال. 13:1؛ 1تىم. 13:1. |

| | | |
|---|---|---|
| 1كور. | 10:15 | 2كور. 23:11؛ 11:12. |
| 1كور. | 20:15 | كول. 18:1؛ 1پېت. 3:1؛ ۋەھ. 5:1. |
| 1كور. | 21:15 | يار. 17:2؛ 6:3؛ رىم. 18:5،12؛ 23:6. |
| 1كور. | 25:15 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ ئەف. 20:1؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 13:1؛ 12:10. |
| 1كور. | 27:15 | زەب. 6:8؛ مات. 27:11؛ 18:28؛ ئەف. 22:1؛ ئىبر. 8:2. |
| 1كور. | 32:15 | يەش. 13:22؛ 12:56. |
| 1كور. | 35:15 | ئەز. 3:37. |
| 1كور. | 36:15 | يـۇھ. 24:12. |
| 1كور. | 42:15 | دان. 3:12؛ مات. 43:13. |
| 1كور. | 45:15 | يار. 7:2. |
| 1كور. | 49:15 | 2كور. 11:4. |
| 1كور. | 50:15 | يـۇھ. 13:1. |
| 1كور. | 51:15 | 1تېس. 16:4. |
| 1كور. | 52:15 | مات. 31:24؛ 1تېس. 16:4. |
| 1كور. | 54:15 | يەش. 8:25. |
| 1كور. | 55:15 | هوش. 14:13؛ ئىبر. 14:2. |
| 1كور. | 57:15 | 1يۇھ. 5:5. |
| 1كور. | 2:16 | روس. 29:11؛ 2كور. 8:4؛ 1:9. |
| 1كور. | 5:16 | 2كور. 15:1. |
| 1كور. | 20:16 | رىم. 16:16؛ 2كور. 13:12؛ 1تېس. 26:5؛ 1پېت. 14:5. |

# كورىنتلىقلارغا «2»

| | | |
|---|---|---|
| 2كور. | 1:1 | فىل. 1:1. |
| 2كور. | 2:1 | رىم. 7:1؛ 1كور. 3:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1. |
| 2كور. | 3:1 | ئەف. 3:1؛ 1پېت. 3:1. |
| 2كور. | 4:1 | 2كور. 6:7. |
| 2كور. | 5:1 | زەب. 19:34؛ 19:94. |
| 2كور. | 6:1-7 | 2كور. 17:4. |
| 2كور. | 8:1 | روس. 23:19. |
| 2كور. | 9:1 | يەر. 5:17، 7. |
| 2كور. | 10:1 | 1كور. 31:15. |
| 2كور. | 11:1 | رىم. 30:15؛ 2كور. 15:4؛ فىل. 19:1. |
| 2كور. | 15:1 | 1كور. 5:16. |
| 2كور. | 18:1 | مات. 37:5؛ ياق. 12:5. |
| 2كور. | 22:1 | رىم. 16:8؛ 2كور. 5:5؛ ئەف. 13:1؛ 30:4. |
| 2كور. | 23:1 | رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 1تىم. 21:5؛ 2تىم. 1:4. |
| 2كور. | 24:1 | 1پېت. 3:5. |
| 2كور. | 3:2 | 2كور. 22:8؛ گال. 10:5. |
| 2كور. | 6:2 | 1كور. 3:5. |
| 2كور. | 12:2 | روس. 8:16. |
| 2كور. | 14:2 | كول. 27:1. |
| 2كور. | 16:2 | لۇقا 34:2. |
| 2كور. | 1:3 | 2كور. 12:5؛ 8:10. |
| 2كور. | 3:3 | مىس. 12:24؛ 1:34؛ يەر. 33:31؛ ئەز. 19:11؛ 26:36؛ ئىبر. 10:8. |
| 2كور. | 6:3 | 2كور. 18:5؛ ئىبر. 6:8، 8. |
| 2كور. | 7:3 | مىس. 12:24؛ 30:34،1؛ قان. 1:10. |

| | | |
|---|---|---|
| 2كور. | 13:3 | مس. 35:34؛ رىم. 4:10. |
| 2كور. | 14:3 | يەش. 10:6؛ ئەز. 2:12؛ مات. 11:13؛ روس. 26:28؛ رىم. 8:11. |
| 2كور. | 16:3 | مات. 11:13؛ رىم. 23:11؛ 1كور. 10:2. |
| 2كور. | 17:3 | يۇھ. 24:4. |
| 2كور. | 18:3 | 1كور. 12:13؛ 2كور. 7:5. |
| 2كور. | 2:4 | 2كور. 17:2؛ 2كور. 4:6 |
| 2كور. | 3:4 | 2كور. 15:2؛ 2تېس. 10:2. |
| 2كور. | 4:4 | يەش. 10:6؛ يۇھ. 40:12؛ 9:14؛ فىل. 6:2؛ كول. 15:1. ئىبر. 3:1. |
| 2كور. | 6:4 | يار. 3:1؛ 2پېت. 19:1. |
| 2كور. | 7:4 | 1كور. 5:2؛ 2كور. 1:5. |
| 2كور. | 10:4 | رىم. 17:8؛ گال. 17:6؛ فىل. 10:3؛ 2تىم. 12:2،11؛ 1پېت. 13:4. |
| 2كور. | 11:4 | زەب. 22:44؛ مات. 11:5؛ رىم. 36:8؛ 1كور. 9:4؛ 49:15؛ كول. 4:3. |
| 2كور. | 13:4 | زەب. 10:116 |
| 2كور. | 14:4 | رىم. 11:8؛ 1كور. 14:6. |
| 2كور. | 15:4 | 2كور. 11:1. |
| 2كور. | 17:4 | زەب. 5:30؛ مات. 12:5؛ رىم. 18:8؛ 1يۇھ. 2:3. |
| 2كور. | 1:5 | 2كور. 7:4. |
| 2كور. | 2:5 | رىم. 23:8. |
| 2كور. | 3:5 | ۋەھ. 18:3؛ 15:16. |
| 2كور. | 4:5 | رىم. 11:8؛ 1كور. 53:15. |
| 2كور. | 5:5 | رىم. 16:8؛ 2كور. 22:1؛ ئەف. 13:1؛ 30:4. |
| 2كور. | 7:5 | 1كور. 12:13؛ 2كور. 18:3. |

| | | |
|---|---|---|
| 2كور. | 10:5 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ 32:25؛ رىم. 6:2؛ 10،12:14؛ 1كور. 8:3؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22. |
| 2كور. | 12:5 | 2كور. 1:3؛ 8:10. |
| 2كور. | 15:5 | رىم. 7:14؛ گال. 20:2؛ 1تېس. 10:5؛ 1پېت. 2:4. |
| 2كور. | 16:5 | مات. 50:12؛ يـۇھ. 14:15؛ گال. 6:5؛ 15:6؛ كول. 11:3. |
| 2كور. | 17:5 | يەش. 18:43؛ ۋەھ. 5:21. |
| 2كور. | 18:5 | كول. 20:1؛ 1يۇھ. 2:2؛ 10:4. |
| 2كور. | 19:5 | رىم. 24،25:3؛ كول. 20:1. |
| 2كور. | 20:5 | 2كور. 6:3. |
| 2كور. | 21:5 | يەش. 9،12:53؛ رىم. 3:8؛ گال. 13:3؛ 1پېت. 22:2؛ 1يۇھ. 5:3. |
| 2كور. | 1:6 | 1كور. 9:3؛ ئىبر. 15:12. |
| 2كور. | 2:6 | يەش. 8:49. |
| 2كور. | 3:6 | رىم. 13:14؛ 1كور. 32:10. |
| 2كور. | 4:6 | 1كور. 1:4؛ 2كور. 23:11. |
| 2كور. | 9:6 | زەب. 18:118؛ يەش. 19:26. |
| 2كور. | 13:6 | 1كور. 14:4. |
| 2كور. | 14:6 | قان. 2:7؛ 1سام. 1:5، 2؛ 1پاد. 21:8؛ 1كور. 9:5؛ 21:10؛ ئەف. 11:5 |
| 2كور. | 16:6 | مىس. 45:29؛ لاۋ. 12:26-11؛ يەر. 38:32؛ ئەز. 27:37؛ 1كور. 16:3؛ 19:6؛ 7:10، 14؛ ئەف. 21:2؛ ئىبر. 6:3؛ 1پېت. 5:2 |
| 2كور. | 17:6 | يەش. 11:52؛ ئەز. 34،41:20؛ ۋەھ. 4:18. |
| 2كور. | 18:6 | 2سام. 8،14:7 |
| 2كور. | 3:7 | 2كور. 11،12،13:6. |
| 2كور. | 4:7 | مات. 12:5؛ روس. 41:5؛ فىل. 17:2؛ كول. 24:1. |
| 2كور. | 5:7 | روس. 19،23:16. |

| | | |
|---|---|---|
| 2كور. | 6:7 | 2كور. 4:1. |
| 2كور. | 10:7 | 2سام. 13:12؛ مات. 75:26؛ لۇقا 13:18. |
| 2كور. | 4:8 | روس. 29:11؛ رىم. 26:15؛ 1كور. 2:16؛ 2كور. 1:9. |
| 2كور. | 12:8 | پەند. 28:3؛ مات. 43:12؛ لۇقا 3:21؛ 1پېت. 10:4. |
| 2كور. | 15:8 | مىس. 18:16. |
| 2كور. | 21:8 | رىم. 17:12. |
| 2كور. | 1:9 | روس. 29:11؛ رىم. 26:15؛ 1كور. 2:16؛ 2كور. 4:8. |
| 2كور. | 6:9 | پەند. 24:11؛ گال. 7:6. |
| 2كور. | 7:9 | مىس. 2:25؛ 5:35؛ قان. 7:15؛ رىم. 8:12. |
| 2كور. | 9:9 | زەب. 9:112 |
| 2كور. | 4:10 | يەر. 10:1؛ ئەف. 18:6-13. |
| 2كور. | 12:10 | 2كور. 1:3؛ 12:5. |
| 2كور. | 13:10 | ئەف. 7:4. |
| 2كور. | 17:10 | يەش. 16:65؛ يەر. 23:9-22؛ 1كور. 31:1. |
| 2كور. | 18:10 | پەند. 2:27. |
| 2كور. | 2:11 | لاۋ. 13:21. |
| 2كور. | 3:11 | يار. 4:3؛ يـۇھ. 44:8. |
| 2كور. | 4:11 | گال. 8:1. |
| 2كور. | 7:11 | 1كور. 12:9. |
| 2كور. | 8:11 | روس. 33:20؛ 2كور. 13:12؛ 1تېس. 9:2؛ 2تېـس. 8:3. |
| 2كور. | 9:11 | فىل. 15:4. |
| 2كور. | 18:11 | 2كور. 13:10؛ 5:12، 6. |
| 2كور. | 21:11 | فىل. 4:3. |
| 2كور. | 22:11 | روس. 3:22. |
| 2كور. | 23:11 | روس. 16:9؛ 11:21؛ 1كور. 10:15؛ 2كور. 4:6. |
| 2كور. | 24:11 | قان. 3:25. |
| 2كور. | 25:11 | روس. 19:14؛ 22:16؛ 9،41:27. |
| 2كور. | 28:11 | روس. 18:20. |

| | | |
|---|---|---|
| 2كور. | 29:11 | 1كور. 13:8. |
| 2كور. | 31:11 | رىم. 1:9؛ 9:1؛ 2كور. 23:1؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2. |
| 2كور. | 32:11 | روس. 24:9. |
| 2كور. | 2:12 | روس. 3:9؛ 17:22؛ 1كور. 8:15. |
| 2كور. | 11:12 | 1كور. 10:15. |
| 2كور. | 12:12 | 1كور. 2:9. |
| 2كور. | 13:12 | 1كور. 12:9؛ 2كور. 9:11. |
| 2كور. | 14:12 | روس. 33:20. |
| 2كور. | 15:12 | 2كور. 12:6. |
| 2كور. | 1:13 | چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 5:19؛ مات. 16:18؛ يـۇھ. 17:8؛ ئىبر. 28:10. |
| 2كور. | 5:13 | 1كور. 28:11. |
| 2كور. | 10:13 | 2كور. 8:10. |
| 2كور. | 11:13 | رىم. 18:12،16؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 2:2؛ ئىبر. 14:12؛ 1پېت. 8:3 |
| 2كور. | 12:13 | رىم. 16:16؛ 1كور. 20:16؛ 1تېس. 26:5؛ 1پېت. 14:5. |

# گالاتىيالىقلارغا

| | | |
|---|---|---|
| گال. | 3:1 | رىم. 7:1؛ 1كور. 3:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1. |
| گال. | 4:1 | مات. 28:20؛ گال. 20:2؛ ئەف. 2:5؛ تىت. 14:2؛ ئىبر. 14:9. |
| گال. | 7:1 | روس. 1:15. |
| گال. | 8:1 | 2كور. 4:11. |
| گال. | 10:1 | 1تېس. 4:2؛ ياق. 4:4. |

| | | |
|---|---|---|
| گال. | 11:1 | 1كور. 1:15. |
| گال. | 12:1 | ئەف. 3:3. |
| گال. | 13:1 | روس. 3:8؛ 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛ فىل. 6:3؛ 1تىم. 13:1. |
| گال. | 15:1ـ16 | روس. 15:9؛ 2:13؛ مات. 17:16؛ روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 8:2؛ ئەف. 8:3. |
| گال. | 20:1 | رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ 1تېس. 5:2؛ 1تىم. 21:5؛ 2تىم. 1:4. |
| گال. | 1:2 | روس. 2:15. |
| گال. | 2:2 | روس. 21:19. |
| گال. | 3:2 | روس. 3:16؛ 1كور. 21:9. |
| گال. | 4:2 | روس. 24:15. |
| گال. | 6:2 | قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3؛ 1پېت. 17:1. |
| گال. | 8:2 | روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 16:1؛ ئەف. 8:3. |
| گال. | 10:2 | روس. 30:11؛ 17:24؛ رىم. 25:15؛ 1كور. 1:16؛ 2كور. 1:8؛ 1:9. |
| گال. | 14:2 | روس. 28:10. |
| گال. | 16:2 | روس. 38:13؛ رىم. 28:3،20؛ 3:8؛ گال. 11:3؛ ئىبر. 18:7. |
| گال. | 19:2 | رىم. 4:7؛ 7:14؛ 2كور. 15:5؛ 1تېس. 10:5؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 2:4. |
| گال. | 20:2 | گال. 4:1؛ ئەف. 2:5؛ تىت. 14:2. |
| گال. | 21:2 | ئىبر. 11:7. |
| گال. | 1:3 | گال. 7:5. |
| گال. | 6:3 | يار. 6:15؛ رىم. 3:4؛ ياق. 23:2. |
| گال. | 8:3 | يار. 3:12؛ 18:18؛ 18:22؛ 4:26؛ 10:49؛ روس. 25:3. |
| گال. | 10:3 | قان. 26:27. |
| گال. | 11:3 | هاب. 4:2؛ رىم. 17:1؛ 20:3؛ گال. 16:2؛ ئىبر. 38:10 |
| گال. | 12:3 | لاۋ. 5:18؛ ئەز. 11:20؛ رىم. 5:10. |

| | | |
|---|---|---|
| گال. | 13:3 | قان. 23:21؛ رىم. 3:8؛ 2كور. 21:5. |
| گال. | 15:3 | ئىبر. 17:9. |
| گال. | 16:3 | گال. 8:3. |
| گال. | 17:3 | يار. 13:15؛ مىس. 40:12؛ روس. 6:7. |
| گال. | 18:3 | رىم. 14:4. |
| گال. | 19:3 | قان. 5:5؛ يـۇھ. 17:1؛ 22:15؛ روس. 53:7،38؛ رىم. 15:4؛ 20:5؛ 8:7. |
| گال. | 22:3 | رىم. 9:3؛ 32:11. |
| گال. | 24:3 | مات. 17:5؛ روس. 38:13؛ رىم. 4:10. |
| گال. | 26:3 | يەش. 5:56؛ يـۇھ. 12:1؛ رىم. 15:8؛ گال. 5:4. |
| گال. | 27:3 | رىم. 3:6. |
| گال. | 28:3 | يـۇھ. 21:17. |
| گال. | 29:3 | يار. 12:21؛ رىم. 7:9؛ ئىبر. 18:11. |
| گال. | 4:4 | يار. 16:15؛ 10:49؛ دان. 24:9؛ مات. 17:5. |
| گال. | 5:4 | يـۇھ. 12:1؛ گال. 26:3. |
| گال. | 6:4 | رىم. 15:8. |
| گال. | 8:4 | 1كور. 4:8. |
| گال. | 9:4 | كول. 20:2. |
| گال. | 10:4 | رىم. 5:14؛ كول. 16:2. |
| گال. | 14:4 | مال. 7:2؛ مات. 40:10؛ يـۇھ. 20:13. |
| گال. | 17:4 | رىم. 2:10؛ 2كور. 12:11. |
| گال. | 19:4 | 1كور. 15:4؛ فلم. 10؛ ياق. 18:1. |
| گال. | 22:4 | يار. 15:16،2؛ 2:21؛ روس. 8:7؛ ئىبر. 11:11. |
| گال. | 23:4 | يـۇھ. 39:8؛ رىم. 7:9. |
| گال. | 25:4 | مىس. 19؛ 20. |
| گال. | 26:4 | ۋەھ. 2:21. |
| گال. | 27:4 | يەش. 1:54 |
| گال. | 28:4 | رىم. 7:9، 8. |

| | | |
|---|---|---|
| گال. | 29:4 | يار. 9:21. |
| گال. | 30:4 | يار. 10:21. |
| گال. | 1:5ـ2 | يەش. 3:9؛ يـۈھ. 32:8؛ روس. 1:15؛ رىم. 18:6؛ 1پېت. 16:2. |
| گال. | 6:5 | مات. 50:12؛ يـۈھ. 14:15؛ 1كور. 19:7؛ 2كور. 17:5؛ گال. 15:6؛ كول. 11:3؛ 1تېس. 3:1. |
| گال. | 7:5 | گال. 1:3. |
| گال. | 9:5 | 1كور. 6:5. |
| گال. | 10:5 | 2كور. 3:2؛ 22:8. |
| گال. | 11:5 | 1كور. 23:1. |
| گال. | 12:5 | يە. 25:7. |
| گال. | 13:5 | 1كور. 9:8؛ 1پېت. 16:2؛ يەھ. 4. |
| گال. | 14:5 | لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ مار. 31:12؛ رىم. 8:13؛ ياق. 8:2. |
| گال. | 15:5 | 2كور. 20:12. |
| گال. | 16:5 | رىم. 14:13؛ 1پېت. 11:2. |
| گال. | 17:5 | رىم. 26:7ـ15. |
| گال. | 19:5 | 1كور. 3:3؛ ياق. 14:3. |
| گال. | 21:5 | 1كور. 10:6؛ ئەف. 5:5؛ كول. 6:3؛ ۋەھ. 15:22. |
| گال. | 22:5 | ئەف. 9:5. |
| گال. | 23:5 | 1تىم. 9:1. |
| گال. | 24:5 | رىم. 6:6؛ 14:13؛ گال. 20:2؛ 1پېت. 11:2. |
| گال. | 1:6 | رىم. 1:14؛ 1:15؛ 1كور. 22:9. |
| گال. | 2:6 | مات. 29:11؛ يـۈھ. 14:13؛ رىم. 1:15؛ 1تېس. 14:5. |
| گال. | 5:6 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ ۋەھ. 23:2؛ 12:22. |
| گال. | 6:6 | رىم. 27:15؛ 1كور. 11:9. |
| گال. | 7:6 | لۇقا 25:16؛ 1كور. 10:6. |
| گال. | 9:6 | 2تېـس. 13:3. |

| | | |
|---|---|---|
| گال. | 10:6 | 1تىم. 8:5. |
| گال. | 15:6 | مات. 50:12؛ يـۇھ. 14:15؛ 2كور. 16:5؛ گال. 6:5؛ كول. 11:3. |
| گال. | 16:6 | زەب. 5:125. |
| گال. | 17:6 | 2كور. 10:4. |

# ئەفەسۇسلۇقلارغا

| | | |
|---|---|---|
| ئەف. | 1:1 | رىم. 7:1؛ 1كور. 2:1؛ 2كور. 1:1. |
| ئەف. | 2:1 | گال. 3:1؛ 1پېت. 2:1. |
| ئەف. | 3:1 | 2كور. 3:1؛ 1پېت. 3:1. |
| ئەف. | 4:1 | لۇقا 75:1؛ يـۇھ. 16:15؛ ئەف. 27:5؛ كول. 22:1؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 12:2. |
| ئەف. | 6:1 | مات. 17:3. |
| ئەف. | 7:1 | روس. 28:20؛ كول. 14:1؛ ئىبر. 12:9؛ 1پېت. 18:1. |
| ئەف. | 10-9:1 | رىم. 25:16؛ ئەف. 9:3؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 2:1؛ 1پېت. 20:1؛ يار. 10:49؛ دان. 24:9؛ گال. 4:4. |
| ئەف. | 11:1 | رىم. 17:8. |
| ئەف. | 13:1 | رىم. 15:8؛ 2كور. 22:1؛ 5:5؛ ئەف. 30:4. |
| ئەف. | 14:1 | مىس. 5:19؛ قان. 6:7؛ 2:14؛ 18:26؛ رىم. 23:8؛ 1پېت. 9:2. |
| ئەف. | 15:1 | فىل. 3:1؛ كول. 3:1؛ 1تېس. 2:1؛ 2تېـس. 3:1. |
| ئەف. | 19:1 | كول. 12:2. |
| ئەف. | 20:1 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 3:1؛ 12:10؛ 1پېت. 22:3. |
| ئەف. | 22:1 | زەب. 6:8؛ مات. 18:28؛ 1كور. 27:15؛ ئىبر. 8:2. |
| ئەف. | 23:1 | رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ ئەف. 16:4؛ 23:5. |
| ئەف. | 1:2 | رىم. 6:5؛ كول. 13:2. |

ئەف. 2:2 يـۇھ. 31:12؛ 30:14؛ 11:16؛ 1كور. 11:6؛ ئەف. 12:6؛ كول. 7:3؛ تىت. 3:3.

ئەف. 5:2 روس. 11:15؛ رىم. 8:6؛ 11:8؛ كول. 1:3، 3؛ تىت. 5:3.

ئەف. 8:2 مات. 17:16؛ ئەف. 19:1.

ئەف. 9:2 رىم. 27:3؛ 1كور. 29:1.

ئەف. 10:2 2كور. 17:5؛ ئەف. 4:1؛ 24:4؛ تىت. 14:2.

ئەف. 12:2 رىم. 4:9.

ئەف. 14:2 يەش. 5:9؛ مىك. 4:5؛ يـۇھ. 33:16؛ روس. 36:10؛ رىم. 1:5؛ كول. 20:1.

ئەف. 17:2 يەش. 19:57؛ ئەف. 12:3.

ئەف. 18:2 يـۇھ. 9:10؛ 6:14؛ رىم. 2:5؛ ئەف. 12:3؛ ئىبر. 19:10.

ئەف. 19:2 گال. 10:6.

ئەف. 20:2 يەش. 16:28؛ مات. 18:16؛ 1كور. 10:3،9؛ 1پېت. 4:2؛ ۋەھ. 14:21

ئەف. 21:2 1كور. 19:6؛ 2كور. 16:6؛ ئەف. 16:4.

ئەف. 1:3 روس. 33:21؛ ئەف. 1:4؛ فىل. 16:1،14،13،7؛ كول. 3:4؛ 2تىم. 8:1؛ فىلم. 1.

ئەف. 2:3 روس. 2:13؛ رىم. 5:1؛ ئەف. 8:3.

ئەف. 3:3 روس. 21:22،17؛ 17:26،16؛ رىم. 25:16؛ گال. 12:1،11.

ئەف. 5:3 روس. 28:10.

ئەف. 7:3 ئەف. 19:1؛ كول. 12:2.

ئەف. 8:3 روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ 1كور. 9:15؛ گال. 16:1؛ 8:2؛ 1تىم. 7:2؛ 2تىم. 15:1،11.

ئەف. 9:3 يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ يـۇھ. 3:1؛ رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ كول. 16:1، 26؛ 2تىم. 10:1؛ تىت. 2:1؛ ئىبر. 2:1؛ 1پېت. 20:1.

ئەف. 10:3 1پېت. 12:1.

ئەف. 12:3 يـۇھ. 9:10؛ 6:14؛ رىم. 2:5؛ ئەف. 18:2؛ ئىبر. 19:10.

| | | |
|---|---|---|
| ئەف. | 13:3 | فىل. 14:1؛ كول. 24:1؛ 1تېس. 3:3. |
| ئەف. | 16:3 | ئەف. 10:6. |
| ئەف. | 17:3 | كول. 7:2. |
| ئەف. | 20:3 | رىم. 25:16. |
| ئەف. | 1:4 | يار. 1:17؛ 1كور. 20:7؛ فىل. 27:1؛ كول. 10:1؛ 1تېس. 12:2. |
| ئەف. | 2:4 | كول. 11:1؛ 12:3؛ 1تېس. 14:5. |
| ئەف. | 5:4 | قان. 39:4؛ مال. 10:2؛ 1كور. 4:8، 6؛ لۇقا 50:12 |
| ئەف. | 7:4 | رىم. 6:12؛ 1كور. 11:12؛ 2كور. 13:10؛ 1پېت. 10:4. |
| ئەف. | 8:4 | زەب. 18:68 |
| ئەف. | 9:4 | يـۇھ. 13:3؛ 62:6؛ زەب. 15:139 |
| ئەف. | 11:4 | 1كور. 28:12. |
| ئەف. | 12:4 | رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ ئەف. 23:1؛ 23:5؛ كول. 24:1. |
| ئەف. | 14:4 | مات. 7:11؛ 1كور. 2:14. |
| ئەف. | 15:4 | ئەف. 23:5؛ كول. 18:1. |
| ئەف. | 16:4 | رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ ئەف. 21:2. |
| ئەف. | 17:4 | رىم. 9:1، 18؛ 1پېت. 3:4. |
| ئەف. | 18:4 | 1تېس. 5:4. |
| ئەف. | 22:4 | كول. 9:3؛ ئىبر. 1:12؛ 1پېت. 1:2. |
| ئەف. | 24:4 | رىم. 4:6؛ كول. 10:3؛ 1پېت. 2:4. |
| ئەف. | 25:4 | زەك. 16:8. |
| ئەف. | 26:4 | زەب. 4:4 |
| ئەف. | 27:4 | ياق. 7:4؛ 1پېت. 9:5. |
| ئەف. | 28:4 | روس. 35:20؛ 1تېس. 11:4؛ 2تېـس. 12:3،8. |
| ئەف. | 29:4 | مات. 36:12؛ ئەف. 3:5، 4. |
| ئەف. | 30:4 | لۇقا 28:21؛ رىم. 23:8،16؛ 2كور. 22:1؛ 5:5؛ ئەف. 14:1،13. |
| ئەف. | 31:4 | كول. 19:3. |

ئەف. 32:4 مات. 14:6؛ مار. 25:11؛ فىل. 1:2؛ كول. 12،13:3.
ئەف. 1:5ـ2 يـۇھ. 34:13؛ 12:15؛ گال. 20:2؛ 1تېس. 9:4؛
تىت. 14:2؛ 1پېت. 18:3؛ ئىبر. 3:8؛ 14:9؛
1يۇھ. 23:3؛ 21:4
ئەف. 3:5 مار. 21:7؛ ئەف. 29:4؛ كول. 5:3.
ئەف. 5:5 1كور. 10:6؛ گال. 19:5؛ كول. 5:3؛ ۋەھ. 15:22.
ئەف. 6:5 يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ مار. 5:13؛ لۇقا 8:21؛
كول. 4،18:2؛ 2تېـس. 3:2؛ 1يۇھ. 1:4.
ئەف. 8:5 1تېس. 4:5.
ئەف. 9:5 گال. 22:5.
ئەف. 11:5 مات. 17:18؛ 1كور. 8:5؛ 20:10؛ 2كور. 14:6؛
2تېـس. 14:3.
ئەف. 13:5 يـۇھ. 20،21:3.
ئەف. 14:5 رىم. 11:13؛ 1تېس. 6:5.
ئەف. 15:5 كول. 5:4.
ئەف. 16:5 رىم. 11:13.
ئەف. 17:5 رىم. 2:12؛ 1تېس. 3:4.
ئەف. 18:5 پەند. 29:23؛ يەش. 11،22:5؛ لۇقا 34:21؛ روس.4:2
ئەف. 19:5 كول. 16:3.
ئەف. 20:5 كول. 17:3؛ 1تېس. 18:5.
ئەف. 22:5 يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ كول. 18:3؛ تىت. 5:2؛
1پېت. 1:3.
ئەف. 23:5 رىم. 5:12؛ 1كور. 3:11؛ 27:12؛ ئەف. 22،23:1؛ 12،15:4؛
كول. 18،24:1.
ئەف. 25:5 گال. 4:1؛ ئەف. 2:5؛ كول. 19:3.
ئەف. 26:5 تىت. 5:3؛ 1پېت. 21:3.
ئەف. 27:5 كول. 22:1.
ئەف. 30:5 رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12.

ئەف. 31:5 يار. 24:2؛ مات. 5:19؛ مار. 7:10؛ 1كور. 16:6.

ئەف. 1:6 كول. 20:3.

ئەف. 2:6 مىس. 12:20؛ قان. 16:5؛ 16:27؛ مات. 4:15؛ مار. 10:7.

ئەف. 4:6 قان. 20:6،7؛ زەب. 4:78؛ پەند. 8:19؛ 17:29.

ئەف. 5:6 كول. 22:3؛ 1تىم. 1:6؛ تىت. 9:2؛ 1پېت. 18:2.

ئەف. 9:6 قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛
رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ كول. 25:3؛ 1:4؛ 1پېت. 17:1.

ئەف. 11:6 كول. 12:3؛ 1تېس. 8:5.

ئەف. 12:6 ئەف. 2:2.

ئەف. 13:6 2كور. 4:10.

ئەف. 14:6ـ15 يەش. 17:59؛ لۇقا 35:12؛ 2كور. 7:6؛ 1پېت. 13:1.

ئەف 17:6 يەش. 17:59؛ 1تېس. 8:5؛ ئىبر. 12:4؛ ۋەھ. 16:2.

ئەف 18:6 لۇقا 1:18؛ رىم. 12:12؛ كول. 2:4؛ 1تېس. 17:5.

ئەف 19:6 روس. 29:4؛ 2تېس. 1:3.

ئەف 20:6 2كور. 20:5.

ئەف 21:6 روس. 4:20؛ كول. 7:4؛ تىت. 12:3.

ئەف 22:6 2تىم. 12:4.

# فىلىپپىلىقلارغا

فىل. 2:1 رىم. 7:1؛ 1پېت. 2:1.

فىل. 3:1 ئەف. 15:1؛ كول. 3:1؛ 1تېس. 2:1؛ 2تېس. 3:1.

فىل. 6:1 يـۇھ. 29:6؛ 1تېس. 3:1.

فىل. 7:1 ئەف. 1:3؛ 1:4؛ كول. 18:4،3؛ 2تىم. 8:1.

فىل. 8:1 رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛
1تېس. 5:2؛ 1تىم. 21:5؛ 2تىم. 1:4.

فىل. 14:1 ئەف. 13:3؛ 1تېس. 3:3.

| | | |
|---|---|---|
| فىل. | 19:1 | 2كور. 11:1. |
| فىل. | 20:1 | رىم. 5:5. |
| فىل. | 27:1 | يار. 1:17؛ 1كور. 20:7؛ ئەف. 1:4؛ كول. 1:10؛ 1تېس. 12:2؛ 1:4. |
| فىل. | 2:2-3 | رىم. 16:12؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 16:3؛ 1پېت. 8:3؛ رىم. 10:12؛ 1پېت. 5:5. |
| فىل. | 4:2 | 1كور. 24:10؛ 5:13. |
| فىل. | 5:2 | مات. 29:11؛ يـۇھ. 15:13؛ 1پېت. 21:2؛ 1يۇھ. 6:2. |
| فىل. | 6:2 | 2كور. 4:4؛ كول. 15:1؛ ئىبر. 3:1. |
| فىل. | 7:2 | زەب. 5:8؛ مات. 28:20؛ لۇقا 27:22؛ يـۇھ. 14:13. |
| فىل. | 8:2 | ئىبر. 2:17،14،9؛ 15:4؛ 2:12. |
| فىل. | 9:2 | روس. 33:2؛ ئىبر. 4:1. |
| فىل. | 10:2 | يەش. 23:45؛ رىم. 11:14. |
| فىل. | 11:2 | يـۇھ. 13:13؛ 1كور. 6:8؛ 3:12. |
| فىل. | 13:2 | 2كور. 5:3. |
| فىل. | 14:2 | رىم. 17:12؛ 1پېت. 12:2؛ 9:4. |
| فىل. | 15:2 | پەند. 18:4؛ مات. 14:5. |
| فىل. | 16:2 | 2كور. 14:1؛ 1تېس. 19:2. |
| فىل. | 17:2 | 2كور. 4:7. |
| فىل. | 19:2 | روس. 1:16؛ رىم. 21:16؛ 1تېس. 2:3. |
| فىل. | 21:2 | 1كور. 24:10؛ 5:13. |
| فىل. | 29:2 | 1كور. 14:9؛ گال. 6:6؛ 1تېس. 12:5؛ 1تىم. 17:5؛ ئىبر. 17:13. |
| فىل. | 1:3 | فىل. 4:4؛ ياق. 2:1؛ 1پېت. 13:4. |
| فىل. | 2:3 | يەش. 10:56. |
| فىل. | 3:3 | قان. 16:10؛ 6:30؛ يەر. 4:4؛ يـۇھ. 24:4؛ رىم. 29:2؛ كول. 11:2. |
| فىل. | 4:3 | 2كور. 21:11. |

| | | |
|---|---|---|
| فل. | 5:3 | يار. 27:49؛ روس. 6:23؛ 2كور. 22:11. |
| فل. | 6:3 | روس. 3:8؛ 1:9؛ 3:22، 4؛ گال. 1:13؛ 1تىم. 13:1. |
| فل. | 7:3 | مات. 44:13. |
| فل. | 8:3 | يەش. 11:53؛ يەر. 22:9؛ يـۇھ. 3:17؛ كول. 2:2. |
| فل. | 9:3 | رىم. 17:1؛ 21:3. |
| فل. | 10:3 | رىم. 17:8؛ 2كور. 10:4؛ 2تىم. 12:2،11؛ 1پېت. 13:4. |
| فل. | 14:3 | 1كور. 24:9؛ 2تىم. 7:4. |
| فل. | 16:3 | رىم. 16:12؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ گال. 16:6؛ فل. 2:2؛ 1پېت. 8:3. |
| فل. | 17:3 | 1كور. 16:4؛ 1:11؛ 1تېس. 6:1. |
| فل. | 18:3 | رىم. 17:16. |
| فل. | 20:3 | 1كور. 7:1؛ 1تېس. 10:1؛ تىت. 13:2؛ ئىبر. 14:13. |
| فل. | 21:3 | 1كور. 51:15؛ كول. 4:3؛ 1يۇھ. 2:3. |
| فل. | 1:4 | 1تېس. 19:2. |
| فل. | 3:4 | مىس. 32:32؛ زەب. 28:69؛ ۋەھ. 5:3؛ 12:20؛ 27:21. |
| فل. | 4:4 | 1تېس. 16:5؛ روس.25:16 |
| فل. | 5:4 | 1كور. 11:10؛ ئىبر. 25:10. |
| فل. | 6:4 | زەب. 23:55؛ مات. 25:6؛ 1تىم. 17:6،8؛ 1پېت. 7:5. |
| فل. | 7:4 | يـۇھ. 27:14؛ رىم. 1:5؛ ئەف. 14:2. |
| فل. | 8:4 | رىم. 13:13؛ 1تېس. 3:4، 4، 5. |
| فل. | 10:4 | 2كور. 9:11. |
| فل. | 11:4 | 1تىم. 6:6. |
| فل. | 12:4 | 1كور. 11:4؛ 2كور. 27:11. |
| فل. | 15:4 | 2كور. 9:11. |
| فل. | 18:4 | ئىبر. 16:13. |

# كولوسسلىكلەرگە

كول. 1:1ـ2 رىم. 7:1؛ گال. 3:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1.
كول. 3:1ـ4 ئەف. 15:1؛ فىل. 3:1؛ 1تېس. 2:1؛ 2تېس. 3:1.
كول. 5:1 1پېت. 4:1.
كول. 6:1 مار. 8:4؛ يـۇھ. 16:15.
كول. 7:1 كول. 12:4؛ فلم. 23.
كول. 9:1 1كور. 5:1؛ ئەف. 15:1.
كول. 10:1 يار. 1:17؛ يـۇھ. 16:15؛ 1كور. 20:7؛ ئەف. 1:4؛
فىل. 27:1؛ 1تېس. 12:2.
كول. 13:1 مات. 17:3؛ 5:17؛ ئەف. 4:2؛ 1تېس. 12:2؛ 2پېت. 17:1.
كول. 14:1 روس. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 19:1.
كول. 15:1 2كور. 4:4؛ فىل. 6:2؛ ئىبر. 3:1؛ ۋەھ. 14:3.
كول. 16:1 يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ يـۇھ. 3:1؛ ئەف. 9:3؛ ئىبر. 2:1.
كول. 18:1 1كور. 20:15؛ ئەف. 22:1؛ 15:4؛ 23:5؛ ۋەھ. 5:1.
كول. 19:1 يـۇھ. 16:1،14؛ كول. 9:2.
كول. 20:1 يەش. 6:9؛ يـۇھ. 33:16؛ روس. 36:10؛ رىم. 1:5؛
2كور. 18:5؛ ئەف. 14:2؛ 1يۇھ. 10:4.
كول. 21:1ـ22 لۇقا 75:1؛ ئەف. 4:1؛ 27:5؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 12:2.
كول. 23:1 يـۇھ. 6:15.
كول. 24:1 رىم. 5:12؛ 1كور. 27:12؛ 2كور. 4:7؛
ئەف. 13:3؛ 12:4؛ 23:5؛ فىل. 17:2؛ 2تىم. 10:2.
كول. 25:1 رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ 2تىم. 10:1؛ تىت. 3:1؛
1پېت. 20:1.
كول. 26:1 مات. 11:13.
كول. 27:1 2كور. 14:2؛ 1تىم. 1:1.
كول. 2:2 يەش. 11:53؛ يەر. 22:9؛ يـۇھ. 3:17؛ فىل. 8:3.
كول. 3:2 1كور. 24:1.

| | | |
|---|---|---|
| كول. | 4:2 | ئەف. 6:5؛ كول. 18:2. |
| كول. | 5:2 | 1كور. 3:5؛ 40:14. |
| كول. | 7:2 | 1كور. 5:1؛ ئەف. 17:3. |
| كول. | 8:2 | رىم. 17:16؛ ئىبر. 9:13. |
| كول. | 10:2 | يـۇھ. 16:1. |
| كول. | 11:2 | قان. 16:10؛ يەر. 4:4؛ رىم. 29:2؛ فىل. 3:3. |
| كول. | 12:2 | رىم. 4:6؛ گال. 27:3؛ ئەف. 19:1؛ 7:3. |
| كول. | 13:2 | ئەف. 1:2. |
| كول. | 15:2 | يار. 15:3؛ مات. 29:12؛ لۇقا 22:11؛ يـۇھ. 31:12؛ 11:16. |
| كول. | 16:2 | لاۋ. 2:11؛ 2:23؛ رىم. 2:14؛ گال. 10:4. |
| كول. | 17:2 | ئىبر. 5:8؛ 1:10. |
| كول. | 18:2 | يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ ئەف. 6:5؛ 2تېس. 3:2؛ 1يۇھ. 1:4. |
| كول. | 20:2ـ21 | گال. 9:4. |
| كول. | 22:2 | يەش. 13:29؛ مات. 9:15؛ تىت. 14:1. |
| كول. | 23:2 | 1تىم. 8:4؛ 23:5. |
| كول. | 1:3 | ئەف. 20:1. |
| كول. | 3:3 | رىم. 2:6؛ 24:8؛ 2كور. 7:5. |
| كول. | 4:3 | فىل. 21:3؛ 1يۇھ. 2:3. |
| كول. | 5:3 | رىم. 5:7، 23؛ ئەف. 22:4؛ 3:5، 5؛ 1تېس. 5:4. |
| كول. | 6:3 | 1كور. 10:6؛ گال. 19:5؛ ئەف. 5:5؛ ۋەھ. 15:22. |
| كول. | 7:3 | 1كور. 11:6؛ ئەف. 1:2؛ تىت. 3:3. |
| كول. | 8:3 | ئەف. 22:4؛ ئىبر. 1:12؛ ياق. 21:1؛ 1پېت. 1:2. |
| كول. | 9:3 | ئەف. 25:4. |
| كول. | 10:3 | يار. 26:1؛ 1:5؛ 6:9؛ رىم. 4:6؛ 1كور. 7:11. |
| كول. | 11:3 | 1كور. 22:7،21؛ 13:12؛ گال. 28:3؛ 6:5؛ 15:6. |
| كول. | 12:3 | ئەف. 32:4؛ 11:6؛ 1تېس. 4:1. |
| كول. | 13:3 | مات. 14:6؛ مار. 25:11؛ ئەف. 32:4. |

| | | |
|---|---|---|
| كول. | 14:3 | يـۇھ. 34:13؛ 12:15؛ ئەف. 3:4؛ 2:5؛ كول. 2:2؛ 1تېس. 9:4؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4. |
| كول. | 17:3 | ئەف. 20:5؛ 1تېس. 18:5. |
| كول. | 18:3 | يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 22:5؛ تىت. 5:2؛ 1پېت. 1:3. |
| كول. | 19:3 | ئەف. 25:5. |
| كول. | 20:3 | ئەف. 1:6. |
| كول. | 22:3 | ئەف. 5:6؛ 1تىم. 1:6؛ تىت. 9:2؛ 1پېت. 18:2. |
| كول. | 1:4 | ئەف. 9:6. |
| كول. | 2:4 | لۇقا 1:18؛ رىم. 12:12؛ ئەف. 18:6؛ 1تېس. 17:5. |
| كول. | 3:4 | ئەف. 19:6؛ 2تېس. 1:3. |
| كول. | 5:4 | ئەف. 15:5، 16. |
| كول. | 6:4 | مار. 50:9. |
| كول. | 7:4 | روس. 4:20؛ ئەف. 21:6؛ 2تىم. 12:4. |
| كول. | 9:4 | فلم. 10. |
| كول. | 10:4 | روس. 37:15؛ 2:27؛ 2تىم. 11:4. |
| كول. | 12:4 | كول. 7:1؛ فلم. 23. |
| كول. | 14:4 | 2تىم. 11:4،10 |
| كول. | 18:4 | 2تېس. 17:3؛ ئىبر. 3:13. |

# تېسالونىكالىقلارغا «1»

| | | |
|---|---|---|
| 1تېس. | 1:1 | رىم. 7:1؛ ئەف. 2:1؛ 1پېت. 2:1. |
| 1تېس. | 2:1 | ئەف. 16:1؛ فىل. 3:1؛ كول. 3:1؛ 2تېس. 3:1. |
| 1تېس. | 3:1 | يـۇھ. 29:6 |
| 1تېس. | 5:1 | 1كور. 4:2؛ 20:4؛ 1تېس. 1:2. |
| 1تېس. | 6:1 | 1كور. 16:4؛ 1:11؛ فىل. 17:3؛ 2تېس. 9:3. |

1تېس. 10-9:1 روس. 11:1؛ فىل. 20:3؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1.

1تېس. 1:2 1تېس. 5:1، 9.

1تېس. 2:2 روس. 22:16؛ 2:17.

1تېس. 4:2 گال. 10:1.

1تېس. 5:2 رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تىم. 21:5؛ 2تىم. 1:4.

1تېس. 6:2 1كور. 3:9؛ 2تېس. 9:3.

1تېس. 9:2 روس. 3:18؛ 34:20؛ 1كور. 12:4؛ 2كور. 9:11؛ 13:12؛ 2تېس. 8:3.

1تېس. 12-11:2 يار. 1:17؛ 1كور. 20:7؛ ئەف. 1:4؛ فىل. 27:1؛ كول. 10:1.

1تېس. 14:2 روس. 13:17،5.

1تېس. 15:2 مات. 37:23؛ لۇقا 34:13؛ روس. 52:7.

1تېس. 16:2 روس. 13:17.

1تېس. 18:2 رىم. 13:1؛ 22:15.

1تېس. 19:2 2كور. 14:1؛ فىل. 16:2؛ 1:4.

1تېس. 2:3 روس. 1:16؛ رىم. 21:16؛ فىل. 19:2.

1تېس. 3:3 روس. 22:14؛ ئەف. 13:3؛ فىل. 14:1؛ 2تىم. 12:3.

1تېس. 10:3 رىم. 11:1،10؛ 23:15؛ 2تىم. 4:1.

1تېس. 13:3 1كور. 8:1؛ 1تېس. 23:5؛ 2تېس. 17:2.

1تېس. 1:4 فىل. 27:1؛ 1تېس. 12:2.

1تېس. 3:4 رىم. 2:12؛ ئەف. 27:5؛ فىل. 8:4.

1تېس. 5-4:4 1كور. 34:15؛ ئەف. 18:4.

1تېس. 7:4 يـۇھ. 19:17؛ 1كور. 2:1.

1تېس. 8:4 لۇقا 16:10؛ 1كور. 40:7.

1تېس. 9:4 لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يـۇھ. 34:13؛ 12:15؛ ئەف. 2:5؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 23:3؛ 21:4.

1تېس. 11:4 روس. 34:20؛ ئەف. 28:4؛ 2تېس. 12:3،7.

1تېس. 13:4 لاۋ. 28:19؛ قان. 1:14؛ 2سام. 20-23:12.

| | |
|---|---|
| 1تېس. 4:15 | 1كور. 15:51، 22. |
| 1تېس. 4:16 | مات. 24:31؛ 1كور. 15:52؛ 2تېس. 1:7. |
| 1تېس. 5:2 | مات. 24:43؛ 2پېت. 3:10؛ ۋەھ. 3:3؛ 16:15. |
| 1تېس. 5:3 | 2تېس. 1:9. |
| 1تېس. 5:4 | ئەف. 5:8. |
| 1تېس. 5:5 | لۇقا 16:8؛ رىم. 13:12؛ ئەف. 5:8. |
| 1تېس. 5:6 | لۇقا 21:36؛ رىم. 13:11، 13؛ 1كور. 15:34؛ ئەف. 5:14. |
| 1تېس. 5:8 | يەش. 59:17؛ ئەف. 6:14. |
| 1تېس. 5:10 | رىم. 14:7؛ 2كور. 5:15؛ گال. 2:20؛ 1پېت. 4:2. |
| 1تېس. 5:12 | رىم. 15:27؛ 1كور. 9:11؛ 16:18؛ گال. 6:6؛ فىل. 2:29؛ 1تىم. 5:17؛ ئىبر. 13:7، 17. |
| 1تېس. 5:15 | لاۋ. 19:18؛ پەند. 20:22؛ 24:29؛ مات. 5:39؛ رىم. 12:17؛ 1كور. 6:7؛ 1پېت. 3:9. |
| 1تېس. 5:16 | مات. 5:12؛ لۇقا 10:20؛ رىم. 12:12؛ فىل. 4:4. |
| 1تېس. 5:17 | لۇقا 18:1؛ رىم. 12:12؛ كول. 4:2. |
| 1تېس. 5:18 | ئەف. 5:20. |
| 1تېس. 5:19 | 1كور. 14:30. |
| 1تېس. 5:21 | 1يۇھ. 4:1. |
| 1تېس. 5:22 | فىل. 4:8. |
| 1تېس. 5:23 | 1كور. 1:8؛ فىل. 4:9؛ 1تېس. 3:13. |
| 1تېس. 5:24 | 1كور. 1:9؛ 10:13؛ 2كور. 1:18؛ 2تېس. 3:3. |
| 1تېس. 5:26 | رىم. 16:16؛ 1كور. 16:20؛ 2كور. 13:12؛ 1پېت. 5:14. |

# تېسالونىكالىقلارغا «2»

| | |
|---|---|
| 2تېس. 2:1 | 1كور. 1:3؛ 1تېس. 1:1؛ 1پېت. 2:1. |
| 2تېس. 3:1 | ئەف. 1:15؛ فىل. 1:3؛ كول. 1:3؛ 1تېس. 2:1. |
| 2تېس. 4:1 | 1تېس. 2:19. |
| 2تېس. 5:1 | 1تېس. 2:14؛ يەھ. 6. |
| 2تېس. 1:6-7 | زەك. 2:12؛ 1تېس. 4:16. |
| 2تېس. 8:1 | يەر.» 10:25؛ زەب. 79:6؛ يەش. 66:15؛ رىم. 2:8؛ 2پېت. 3:7. |
| 2تېس. 9:1 | يەش. 2:19. |
| 2تېس. 10:1 | روس. 1:11؛ 1تېس. 1:10؛ ۋەھ. 1:7. |
| 2تېس. 2:2 | يەر. 29:8؛ مات. 24:4؛ ئەف. 5:6؛ كول. 2:18؛ 1يۇھ. 4:1. |
| 2تېس. 3:2 | مات. 24:23؛ 1تىم. 4:1؛ 1يۇھ. 2:18. |
| 2تېس. 4:2 | دان. 7:25؛ 8:11؛ 11:36؛ مات. 24:15؛ ۋەھ. 13:8-1 |
| 2تېس. 8:2 | ئايۇپ 4:9؛ يەش. 11:4. |
| 2تېس. 9:2 | قان. 13:2؛ يۇھ. 8:41؛ 2كور. 4:4؛ ئەف. 2:2؛ ۋەھ. 13:13. |
| 2تېس. 10:2 | 2كور. 2:15؛ 4:3. |
| 2تېس. 11:2 | رىم. 1:24؛ 1تىم. 4:1. |
| 2تېس. 15:2 | 2تېس. 3:6. |
| 2تېس. 2:16-17 | 1تېس. 3:13. |
| 2تېس. 1:3 | مات. 9:38؛ ئەف. 6:19؛ كول. 4:3. |
| 2تېس. 2:3 | يۇھ. 6:44؛ رىم. 15:31. |
| 2تېس. 3:3 | يۇھ. 17:15؛ 1تېس. 5:24. |
| 2تېس. 6:3 | 1كور. 5:11؛ 2تېس. 2:15؛ 3:14؛ تىت. 3:10. |
| 2تېس. 7:3 | 1كور. 11:1؛ 1تېس. 1:6، 7؛ 2تېس. 2:10. |
| 2تېس. 8:3 | روس. 18:3؛ 20:34؛ 1كور. 4:12؛ 2كور. 11:9؛ 12:13؛ 1تېس. 2:9. |
| 2تېس. 9:3 | 1كور. 4:16؛ 9:3، 6؛ 11:1؛ فىل. 3:17؛ 1تېس. 1:6؛ 2:9. |

2تېس. 12:3 ئەف. 28:4؛ 1تېس. 11:4.
2تېس. 13:3 گال. 9:6.
2تېس. 14:3 مات. 17:18؛ 1كور. 9:5؛ 2تېس. 6:3.
2تېس. 16:3 رىم. 33:15؛ 20:16؛ 1كور. 33:14؛ 2كور. 11:13؛
فىل. 9:4؛ 1تېس. 23:5.
2تېس. 17:3 1كور. 21:16؛ كول. 18:4.

# تىموتىيغا «1»

1تىم. 1:1 روس. 15:9؛ كول. 27:1.
1تىم. 2:1 روس. 1:16؛ 1كور. 17:4؛ گال. 3:1؛ 1تېس. 2:3؛ 1پېت. 2:1.
1تىم. 3:1 روس. 1:20.
1تىم. 4:1 1تىم. 7:4؛ 4:6، 20؛ 2تىم. 16:2؛ تىت. 14:1؛ 9:3.
1تىم. 5:1 رىم. 8:13؛ گال. 14:5.
1تىم. 8:1 رىم. 12:7.
1تىم. 9:1 گال. 23:5.
1تىم. 11:1 1تېس. 4:2؛ 1تىم. 15:6.
1تىم. 13:1 يۇھ. 39،41:9؛ روس. 17:3؛ 3:8؛ 1:9؛ 4:22؛ 9:26؛
1كور. 9:15؛ گال. 13:1.
1تىم. 15:1-16 مات. 13:9؛ مار. 17:2؛ لۇقا 32:5؛ 10:19؛ 1يۇھ. 5:3.
1تىم. 18:1-19 1تىم. 12:6؛ 1تىم. 9:3.
1تىم. 20:1 1كور. 5:5؛ 2تىم. 17:2؛ 14:4.
1تىم. 2:2 يەر. 7:29.
1تىم. 4:2 ئەز. 23:18؛ 2پېت. 9:3.
1تىم. 5:2 يۇھ. 3:17؛ رىم. 30:3؛ گال. 19:3؛ ئىبر. 15:9.
1تىم. 6:2 مات. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ كول. 14:1.
1تىم. 7:2 روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ رىم. 9:1؛ 1:9؛ گال. 16:1؛

8:2؛ ئەف. 3:8؛ 2تم. 11:1.

| | | |
|---|---|---|
| 1تم. | 8:2 | زەب. 2:134-1؛ يۇھ. 21:4. |
| 1تم. | 9:2 | تىت. 3:2؛ 1پېت. 3:3. |
| 1تم. | 12:2 | يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 24:5. |
| 1تم. | 13:2 | يار. 27:1؛ 22:2. |
| 1تم. | 14:2 | يار. 6:3. |
| 1تم. | 2:3 | 2تم. 24:2؛ تىت. 6:1. |
| 1تم. | 8:3 | روس. 3:6. |
| 1تم. | 9:3 | 1تم. 19:1. |
| 1تم. | 13:3 | مات. 21:25. |
| 1تم. | 16:3 | مار. 19:16؛ لۇقا 51:9؛ يۇھ. 14:1؛ روس. 2:1؛ ئەف. 5:3، 6. |
| 1تم. | 1:4 | مات. 23:24؛ 2تېس. 3:2؛ 2تم. 1:3؛ 2پېت. 3:3؛ يەھ. 18. |
| 1تم. | 3:4 | يار. 29:1؛ 3:9؛ رىم. 6:14؛ 1كور. 30:10. |
| 1تم. | 4:4 | يار. 31:1؛ روس. 15:10؛ رىم. 14:14. |
| 1تم. | 6:4 | 2تم. 5:1؛ 15:3،14. |
| 1تم. | 7:4 | 1تم. 4:1؛ 20:6؛ 2تم. 16:2؛ تىت. 14:1؛ 9:3. |
| 1تم. | 8:4 | كول. 23:2. |
| 1تم. | 12:4 | تىت. 15:2،7؛ 1پېت. 3:5. |
| 1تم. | 14:4 | روس. 6:6؛ 17:8؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تم. 22:5؛ 2تم. 6:1. |
| 1تم. | 1:5 | لاۋ. 32:19. |
| 1تم. | 4:5 | يار. 11:45،10؛ مات. 4:15؛ مار. 10:7؛ ئەف. 2:6،1. |
| 1تم. | 5:5 | لۇقا 36:2؛ 1كور. 32:7. |
| 1تم. | 8:5 | گال. 10:6. |
| 1تم. | 10:5 | يار. 4:18؛ 2:19؛ لۇقا 44:7،38؛ 1پېت. 9:4. |
| 1تم. | 13:5 | تىت. 3:2. |
| 1تم. | 14:5 | 1كور. 9:7. |
| 1تم. | 17:5 | رىم. 27:15؛ 1كور. 11:9؛ گال. 6:6؛ فىل. 29:2؛ |

1تېس. 12:5؛ ئىبر. 17:13.

1تىم. 18:5 لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24؛ 4:25؛ مات. 10:10؛ لۇقا 7:10؛
1كور. 9:9.

1تىم. 19:5 قان. 15:19.

1تىم. 21:5 قان. 4:17؛ 18:19؛ رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛
گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 27:5؛ 1تىم. 13:6.

1تىم. 22:5 روس. 6:6؛ 17:8؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 14:4؛ 2تىم. 6:1.

1تىم. 23:5 زەب. 15:104

1تىم. 24:5 گال. 19:5.

1تىم. 1:6 ئەف. 5:6؛ كول. 22:3؛ تىت.2:9؛ 1پېت.2:18.

1تىم. 4:6 1تىم. 4:1؛ 2تىم. 23:2؛ تىت. 9:3.

1تىم. 5:6 1كور. 16:11.

1تىم. 6:6 پەند. 16:15؛ ئىبر. 5:13.

1تىم. 7:6 ئايۇپ 21:1؛ 19:27؛ زەب. 17:49

1تىم. 8:6 زەب. 23:55؛ پەند. 26:27؛ مات. 25:6؛ 1پېت. 7:5.

1تىم. 9:6 پەند. 28:11؛ مات. 22:13؛ ياق. 1:5.

1تىم. 10:6 مىس. 8:23؛ قان. 19:16؛ پەند. 16:15.

1تىم. 11:6 2تىم. 22:2.

1تىم. 12:6 1تىم. 18:1.

1تىم. 13:6 قان. 39:32؛ 1سام. 6:2؛ مات. 11:27؛ يـۇھ. 37:18؛
1تىم. 21:5.

1تىم. 15:6ـ16 1تىم. 17:1؛ ۋەھ. 14:17؛ 16:19؛ مىس. 20:33؛
قان. 12:4؛ 1يۇھ. 12:4.

1تىم. 19:6 مات. 20:6؛ لۇقا 33:12؛ 9:16.

1تىم. 20:6 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 2تىم. 16:2؛ تىت. 14:1؛ 9:3.

# تىموتىيغا «2»

| | | |
|---|---|---|
| 2تىم. | 1:1ـ2 | گال. 3:1؛ 1تىم. 2:1؛ 1پېت. 2:1. |
| 2تىم. | 3:1 | روس. 3:22؛ رىم. 9:1؛ 1تېس. 2:1؛ 10:3. |
| 2تىم. | 6:1 | روس. 6:6؛ 17:8؛ 3:13؛ 6:19؛ 1تىم. 14:4؛ 22:5. |
| 2تىم. | 7:1 | رىم. 15:8. |
| 2تىم. | 8:1 | روس. 33:21؛ رىم.16:1؛ ئەف. 1:3؛ 1:4؛ كول. 18:4؛ فلم. 1:1، 9، 13. |
| 2تىم. | 9:1 | ئەف. 3:1؛ تىت. 4:3، 5، 6. |
| 2تىم. | 10:1 | يەش. 8:25؛ رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ كول. 26:1؛ تىت. 2:1؛ ئىبر. 14:2؛ 1پېت. 20:1. |
| 2تىم. | 11:1 | روس. 15:9؛ 2:13؛ 21:22؛ گال. 15:1؛ 8:2؛ ئەف. 8:3؛ 1تىم. 7:2. |
| 2تىم. | 13:1 | 2تىم. 14:3. |
| 2تىم. | 15:1 | روس. 10:19. |
| 2تىم. | 16:1 | 2تىم. 19:4. |
| 2تىم. | 2:2 | تىت. 5:1. |
| 2تىم. | 4:2 | 1كور. 25:9. |
| 2تىم. | 6:2 | 1كور. 10:9. |
| 2تىم. | 9:2 | ئەف. 1:3،13؛ 1:4؛ فىل. 7:1؛ كول. 24:1؛ 18:4،3؛ 2تىم. 8:1. |
| 2تىم. | 11:2 | رىم. 8:6. |
| 2تىم. | 12:2 | مات. 33:10؛ مار. 38:8؛ لۇقا 26:9؛ 9:12؛ رىم. 17:8؛ 2كور. 10:4؛ فىل. 10:3؛ 1پېت. 13:4. |
| 2تىم. | 13:2 | چۆل. 19:23؛ رىم. 3:3؛ 6:9. |
| 2تىم. | 16:2 | 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 20:6؛ تىت. 14:1؛ 9:3. |
| 2تىم. | 19:2 | چۆل. 5:16؛ يـۇھ. 14:10. |
| 2تىم. | 20:2 | رىم. 21:9. |

2تم. 22:2 1تم. 11:6.
2تم. 23:2 1تم. 4:1؛ 4:6؛ تىت. 9:3.
2تم. 24:2 1تم. 2:3.
2تم. 25:2 پەند. 8:36؛ 9:12؛ 11:17؛ گال. 1:6.
2تم. 1:3 1تم. 1:4؛ 2پېت. 3:2؛ يەھ. 18.
2تم. 5:3 مات. 17:18؛ رىم. 17:16؛ 2تېس. 6:3؛ تىت. 10:3؛ 2يۇھ. 10.
2تم. 6:3 مات. 14:23؛ تىت. 11:1.
2تم. 8:3 مىس. 11:7.
2تم. 10:3-11 زەب. 19:34؛ روس. 50:13؛ 19:14؛ 2كور. 10:1
2تم. 12:3 مات. 24:16؛ لۇقا 26:24؛ يـۇھ. 14:17؛ روس. 22:14؛ 1تېس. 3:3.
2تم. 16:3 2پېت. 21:1.
2تم. 1:4 رىم. 9:1؛ 1:9؛ 2كور. 23:1؛ 31:11؛ گال. 20:1؛ فىل. 8:1؛ 1تېس. 5:2؛ 1تم. 21:5؛ 13:6.
2تم. 6:4 2پېت. 14:1.
2تم. 8:4 1كور. 25:9؛ 1پېت. 4:5.
2تم. 10:4 كول. 14:4؛ فلم. 24.
2تم. 11:4 روس. 37:15؛ كول. 10،14:4؛ فلم. 24.
2تم. 12:4 روس. 4:20؛ كول. 7:4.
2تم. 14:4 1تم. 20:1.
2تم. 19:4 روس. 2:18؛ رىم. 3:16.
تىت. 2:1 چۆل. 19:23؛ رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ كول. 26:1؛ 2تم. 13:2؛ 1پېت. 20:1.
تىت. 3:1 روس. 24:20؛ 2كور. 12:2؛ 14:7؛ 6،16:8؛ گال. 1:1؛ 3:2.
تىت. 4:1 ئەف. 2:1؛ كول. 2:1؛ 2تم. 2:1؛ 1پېت. 2:1.
تىت. 5:1 2تم. 2:2.
تىت. 6:1 1تم. 2:3.

| | | |
|---|---|---|
| تىت. | 7:1 | لاۋ. 9:10؛ مات. 45:24؛ 1كور. 1:4؛ ئەف. 18:5؛ 1تىم. 3،15:3؛ 1پېت. 2:5. |
| تىت. | 8:1 | 1تىم. 2:3. |
| تىت. | 10:1 | روس. 1:15. |
| تىت. | 11:1 | مات. 14:23؛ 2تىم. 6:3. |
| تىت. | 14-13:1 | يەش. 13:29؛ مات. 9:15؛ كول. 22:2؛ 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 20:6. |
| تىت. | 15:1 | مات. 11:15؛ 25:23؛ روس. 15:10؛ رىم. 20،23:14. |
| تىت. | 3:2 | 1تىم. 9:2؛ 13:5؛ 1پېت. 3:3. |
| تىت. | 5-4:2 | يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 22:5؛ كول. 18:3؛ 1پېت. 1:3. |
| تىت. | 7:2 | 1تىم. 12:4؛ 1پېت. 3:5. |
| تىت. | 8:2 | 1پېت. 12،15:2؛ 16:3. |
| تىت. | 9:2 | ئەف. 5:6؛ كول. 22:3؛ 1تىم. 1:6، 2؛ 1پېت. 18:2. |
| تىت. | 12:2 | ئەف. 4:1. كول. 22:1؛ 2تىم. 9:1؛ 1يۇھ. 16:2. |
| تىت. | 13:2 | 1كور. 7:1؛ فىل. 20:3. |
| تىت. | 14:2 | گال. 4:1؛ 20:2؛ ئەف. 10:2؛ 2:5؛ ئىبر. 14:9. |
| تىت. | 15:2 | 1تىم. 12:4. |
| تىت. | 1:3 | رىم. 1:13، 7-3؛ 1پېت. 13:2. |
| تىت. | 2:3 | فىل. 5:4؛ 2تىم. 24،25:2. |
| تىت. | 3:3 | 1كور. 11:6؛ ئەف. 1:2؛ كول. 7:3؛ 1پېت. 3:4. |
| تىت. | 5:3 | روس. 11:15؛ رىم. 20:3، 28؛ 2:4، 6؛ 9:11؛ 6:11؛ گال. 16:2؛ ئەف. 4:1؛ 4:2، 9؛ 2تىم. 9:1. |
| تىت. | 6:3 | ئەز. 25:36. |
| تىت. | 9:3 | 1تىم. 4:1؛ 7:4؛ 20:6؛ تىت. 14:1. |
| تىت. | 10:3 | مات. 17:18؛ رىم. 17:16؛ 2تېس. 6:3؛ 2تىم. 5:3؛ 2يۇھ. 10. |
| تىت. | 12:3 | روس. 4:20؛ ئەف. 21:6؛ 2تىم. 12:4. |
| تىت. | 13:3 | روس. 24:18؛ 1كور. 12:1. |

# فىلېمونغا

| | | |
|---|---|---|
| فلم. | 1:1 | ئەف. 3:1؛ 1:4. |
| فلم. | 2:1 | رىم. 5:16؛ 1كور. 19:16؛ كول. 15،17:4. |
| فلم. | 1:4-5 | 1تېس. 2:1؛ 2تېس. 3:1. |
| فلم. | 10:1 | 1كور. 15:4. گال. 19:4؛ كول. 9:4. |
| فلم. | 15:1 | يار.20:50؛ 1تېس.13:4. |
| فلم. | 22:1 | فىل. 25:1. |
| فلم. | 23:1 | كول. 7:1؛ 12:4. |
| فلم. | 24:1 | روس. 12،25:12؛ 37:15؛ كول. 10:4؛ 2تىم. 11:4؛ 1پېت. 13:5؛ روس. 29:19؛ 4:20؛ 2:27؛ كول. 10،14:4؛ 2تىم. 10،11:4. |

# ئىبرانىيلارغا

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 2:1 | يار. 3:1؛ زەب. 6:33؛ مات. 38:21؛ يـۇھ. 3:1؛ ئەف. 9:3؛ كول. 16:1. |
| ئىبر. | 3:1 | 2كور. 4:4؛ فىل. 6:2؛ كول. 15:1. |
| ئىبر. | 5:1 | 2سام. 14:7؛ 1تار. 13:17؛ 10:22؛ زەب. 7:2؛ روس. 33:13؛ ئىبر. 5:5. |
| ئىبر. | 6:1 | زەب. 7:97؛ قان. 43:32؛ لۇقا 2:14-8 |
| ئىبر. | 7:1 | زەب. 4:104 |
| ئىبر. | 8:1 | زەب. 6:45 |
| ئىبر. | 9:1 | زەب. 6:45، 7. |
| ئىبر. | 10:1 | زەب. 102:27-25 |
| ئىبر. | 11:1 | يەش. 6:51؛ 2پېت. 7،10:3. |
| ئىبر. | 12:1 | زەب. 102:27-25 |

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 13:1 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئەف. 20:1؛ ئىبر. 12:10. |
| ئىبر. | 2:2 | يار. 26:19،17؛ قان. 26:27؛ روس. 53:7؛ گال. 19:3. |
| ئىبر. | 3:2 | مات. 17:4؛ مار. 14:1؛ ئىبر. 25:12. |
| ئىبر. | 4:2 | مار. 20:16؛ روس. 3:14؛ 11:19. |
| ئىبر. | 6:2 | زەب. 4:8 |
| ئىبر. | 7:2 | زەب. 6:8-5 |
| ئىبر. | 8:2 | زەب. 8:8؛ مات. 18:28؛ 1كور. 27:15؛ ئەف. 22:1. |
| ئىبر. | 9:2 | زەب. 5:8؛ روس. 33:2؛ فىل. 7:2، 8. |
| ئىبر. | 11:2 | روس. 26:17. |
| ئىبر. | 12:2 | زەب. 22:22؛ 49:18؛ 9:40 |
| ئىبر. | 13:2 | يەش. 18:8،17. |
| ئىبر. | 14:2 | يەش. 8:25؛ هوش. 14:13؛ يـۇھ. 14:1؛ 1كور. 54:15؛ فىل. 7:2؛ 2تىم. 10:1. |
| ئىبر. | 15:2 | رىم. 15:8. |
| ئىبر. | 17:2 | فىل. 7:2؛ ئىبر. 15:4. |
| ئىبر. | 18:2 | ئىبر. 16:4،15. |
| ئىبر. | 1:3 | ئىبر. 14:4؛ 20:6؛ 1:8؛ 11:9. |
| ئىبر. | 2:3 | چۆل. 7:12. |
| ئىبر. | 4:3 | 2كور. 18:5،17؛ ئەف. 10:2. |
| ئىبر. | 5:3 | قان. 18:18،15. |
| ئىبر. | 6:3 | رىم. 2:5؛ 1كور. 16:3؛ 19:6؛ 2كور. 16:6؛ 1پېت. 5:2. |
| ئىبر. | 7:3 | زەب. 7:95؛ ئىبر. 7:4. |
| ئىبر. | 8:3 | مىس. 2:17. |
| ئىبر. | 11:3 | چۆل. 23:14-21؛ قان. 34:1؛ زەب. 11:95-7. |
| ئىبر. | 15:3 | ئىبر. 7:3. |
| ئىبر. | 17:3 | چۆل. 36:14؛ زەب. 26:106؛ 1كور. 10:10؛ يەھ. 5. |
| ئىبر. | 18:3 | قان. 34:1. |

ئىبر. 3:4 زەب. 11:95
ئىبر. 4:4 يار. 2:2؛ مىس. 11:20؛ 17:31.
ئىبر. 5:4 زەب. 11:95
ئىبر. 7:4 زەب. 8:95ـ7؛ ئىبر. 7:3.
ئىبر. 12:4 توپ. 11:12؛ يەش. 2:49؛ ئەف. 17:6.
ئىبر. 13:4 زەب. 15:33ـ13
ئىبر. 14:4 ئىبر. 1:3؛ 20:6؛ 1:8؛ 11:9.
ئىبر. 15:4 يەش. 9:53؛ 2كور. 21:5؛ فىل. 7:2؛ ئىبر. 18:2؛ 1پېت. 22:2؛ 1يۇھ. 5:3.
ئىبر. 16:4 رىم. 25:3.
ئىبر. 3:5 لاۋ. 7:9؛ 6:16؛ ئىبر. 26:7.
ئىبر. 4:5 مىس. 1:28؛ 1تار. 13:23؛ 2تار. 16:26.
ئىبر. 5:5 زەب. 7:2؛ روس. 33:13؛ ئىبر. 5:1.
ئىبر. 6:5 زەب. 4:110؛ ئىبر. 17:7.
ئىبر. 7:5 مات. 39:26؛ 46،50:27؛ يـۇھ. 1:17.
ئىبر. 8:5 فىل. 6:2.
ئىبر. 12:5 1كور. 1:3، 2، 3.
ئىبر. 3:6 روس. 21:18؛ 1كور. 19:4؛ ياق. 15:4.
ئىبر. 4:6ـ6 مات. 31:12؛ ئىبر. 26:10؛ 1يۇھ. 16:5.
ئىبر. 10:6 پەند. 31:14؛ مات. 42:10؛ 40:25؛ مار. 41:9؛ يـۇھ. 20:13.
ئىبر. 14:6 يار. 3:12؛ 4:17؛ 17:22ـ16؛ زەب. 9:105ـ8؛ لۇقا 73:1.
ئىبر. 16:6 مىس. 11:22.
ئىبر. 20:6 ئىبر. 1:3؛ 14:4؛ 1:8؛ 11:9.
ئىبر. 1:7 يار. 20:14ـ17.
ئىبر. 5:7 چۆل. 21:18؛ قان. 1:18؛ يە. 4:14؛ 2تار. 5:31.
ئىبر. 6:7 يار. 20:14.
ئىبر. 11:7 گال. 21:2.

ئىبر. 14:7 يەش. 1:11؛ مات. 3:1.
ئىبر. 17:7 زەب. 4:110؛ ئىبر. 6:5.
ئىبر. 19:7 يـۇھ. 17:1؛ روس. 39:13؛ رىم. 21،28:3؛ 3:8؛
گال. 16:2.
ئىبر. 21-20:7 زەب. 4:110.
ئىبر. 25:7 1تىم. 5:2؛ 1يۇھ. 1:2.
ئىبر. 27:7 لاۋ. 7:9؛ 6:16؛ ئىبر. 3:5.
ئىبر. 1:8 ئەف. 20:1؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 1:3؛ 14:4؛ 20:6؛ 11:9؛ 2:12.
ئىبر. 3:8 ئەف. 2:5.
ئىبر. 5:8 مىس. 40:25؛ روس. 44:7؛ كول. 17:2؛ ئىبر. 1:10.
ئىبر. 6:8 2كور. 6:3.
ئىبر. 8:8 يەر. 31-34:31.
ئىبر. 11:8 يـۇھ. 45،65:6؛ 1يۇھ. 27:2.
ئىبر. 12:8 يەر. 31-34:31.
ئىبر. 2:9 مىس. 1:26؛ 1:36؛ لاۋ. 5:24.
ئىبر. 4:9 مىس. 10:25؛ 29:34؛ چۆل. 25:17؛ 1پاد. 9:8؛ 2تار. 10:5.
ئىبر. 5:9 مىس. 22:25.
ئىبر. 6:9 چۆل. 3:28.
ئىبر. 7:9 مىس. 10:30؛ لاۋ. 2،34:16؛ ئىبر. 25:9.
ئىبر. 8:9 يـۇھ. 6:14.
ئىبر. 10:9 لاۋ. 2:11؛ چۆل. 7-22:19.
ئىبر. 11:9 ئىبر. 1:3؛ 14:4؛ 20:6؛ 1:8.
ئىبر. 12:9 روس. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ كول. 14:1؛ ئىبر. 10:10؛
1پېت. 19:1؛ ۋەھ. 5:1؛ 9:5
ئىبر. 13:9 لاۋ. 14:16؛ چۆل. 4:19؛ ئىبر. 4:10.
ئىبر. 14:9 لۇقا 74:1؛ رىم. 13:6؛ گال. 4:1؛ 20:2؛ ئەف. 2:5؛
تىت. 14:2؛ 1پېت. 2:4؛ 1يۇھ. 7:1؛ ۋەھ. 5:1.
ئىبر. 15:9 رىم. 6:5؛ 1پېت. 18:3.

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 17:9 | گال. 15:3. |
| ئىبر. | 20:9 | مىس. 8:24؛ مات. 28:26. |
| ئىبر. | 25:9 | مىس. 10:30؛ لاۋ. 34:16،2؛ ئىبر. 7:9. |
| ئىبر. | 28:9 | رىم. 6:5، 8؛ 1پېت. 18:3. |
| ئىبر. | 1:10 | كول. 17:2؛ ئىبر. 5:8. |
| ئىبر. | 4:10 | لاۋ. 14:16؛ چۆل. 4:19؛ ئىبر. 13:9. |
| ئىبر. | 5:10 | زەب. 6:40؛ يەش. 11:1؛ يەر. 20:6؛ ئام. 21:5. |
| ئىبر. | 7:10 | زەب. 7:40، 8. |
| ئىبر. | 10:10 | ئىبر. 12:9. |
| ئىبر. | 12:10 | زەب. 1:110؛ روس. 34:2؛ 1كور. 25:15؛ ئەف. 20:1؛ كول. 1:3؛ ئىبر. 13:1. |
| ئىبر. | 16:10 | يەر. 34:31ـ31؛ رىم. 27:11؛ ئىبر. 8:8. |
| ئىبر. | 17:10 | يەر. 34:31،33. |
| ئىبر. | 19:10 | يـۇھ. 9:10؛ 6:14؛ رىم. 2:5؛ ئەف. 13:2؛ 12:3. |
| ئىبر. | 22:10 | ئەز. 25:36. |
| ئىبر. | 26:10 | چۆل. 30:15؛ مات. 31:12؛ ئىبر. 4:6؛ 2پېت. 20:2؛ 1يۇھ. 16:5. |
| ئىبر. | 28:10 | چۆل. 30:35؛ قان. 6:17؛ 15:19؛ مات. 16:18؛ 2كور. 1:13. |
| ئىبر. | 30:10 | قان. 35:32، 36؛ رىم. 19:12. |
| ئىبر. | 34:10 | مات. 12:5؛ روس. 33:21. |
| ئىبر. | 36:10 | لۇقا 19:21. |
| ئىبر. | 37:10 | هاب. 3:2ـ2؛ هاگ. 7:2؛ 1پېت. 6:1؛ 10:5. |
| ئىبر. | 38:10 | هاب. 4:2؛ رىم. 17:1؛ گال. 11:3. |
| ئىبر. | 3:11 | يار. 1:1؛ زەب. 6:33؛ يـۇھ. 10:1؛ رىم. 17:4؛ ئەف. 9:3؛ كول. 16:1. |
| ئىبر. | 4:11 | يار. 4:4؛ مات. 35:23. |
| ئىبر. | 5:11 | يار. 24:5،22. |
| ئىبر. | 7:11 | يار. 13:6. |

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 8:11 | يار. 4:12. |
| ئىبر. | 11:11 | يار. 19:17؛ 2:21؛ لۇقا 36:1. |
| ئىبر. | 12:11 | يار. 5:15؛ 17:22؛ رىم. 18:4. |
| ئىبر. | 13:11 | يار. 4:23؛ 9:47؛ يـۇھ. 53:8. |
| ئىبر. | 16:11 | مىس. 6:3؛ مات. 32:22؛ روس. 32:7. |
| ئىبر. | 17:11ـ18 | يار. 10:22؛ يار. 12:21؛ رىم. 7:9؛ گال. 29:3. |
| ئىبر. | 20:11 | يار. 39:27،28. |
| ئىبر. | 21:11 | يار. 31:47؛ 15:48. |
| ئىبر. | 22:11 | يار. 24:50. |
| ئىبر. | 23:11 | مىس. 2:2؛ روس. 20:7. |
| ئىبر. | 25:11 | زەب. 10:84 |
| ئىبر. | 28:11 | مىس. 21:12. |
| ئىبر. | 29:11 | مىس. 22:14. |
| ئىبر. | 30:11 | يە. 20:6. |
| ئىبر. | 31:11 | يە. 1:2؛ 23:6؛ ياق. 25:2. |
| ئىبر. | 32:11 | هاك. 6:4؛ 11:6؛ 1:11؛ 7:12؛ 24:13؛ 1سام. 45:17؛ 1سام. 2:12. |
| ئىبر. | 33:11 | هاك. 6:14؛ 1سام. 34:17؛ دان. 23:6. |
| ئىبر. | 34:11 | 1سام. 1:20؛ 1پاد. 3:19؛ 2پاد. 16:6؛ ئايۇپ 10:42؛ زەب. 12:66؛ يەش. 21:38؛ يو. 10:3 |
| ئىبر. | 35:11 | 1پاد. 23:17؛ 2پاد. 36:4؛ روس. 25:22. |
| ئىبر. | 36:11 | يەر. 2:20. |
| ئىبر. | 37:11 | 1پاد. 13:21؛ 2پاد. 8:1؛ مات. 4:3. |
| ئىبر. | 1:12ـ2 | رىم. 4:6؛ 12:12؛ 1كور. 24:9؛ ئەف. 22:4؛ كول. 8:3؛ ئىبر. 36:10؛ 1پېت. 1:2، 2؛ لۇقا 26:24؛ فىل. 2:11ـ8؛ ئىبر. 3:1؛ 1:8؛ 1پېت. 11:1. |
| ئىبر. | 4:12 | 1كور. 13:10. |
| ئىبر. | 5:12 | ئايۇپ 17:5؛ پەند. 12:3ـ11؛ ۋەھ. 19:3. |

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 6:12 | پەند. 12،11:3. |
| ئىبر. | 12:12 | يەش. 3:35. |
| ئىبر. | 14:12 | رىم. 18:12؛ 2تىم. 22:2. |
| ئىبر. | 15:12 | قان. 17:29؛ روس. 13:17؛ 2كور. 1:6؛ گال. 12:5. |
| ئىبر. | 16:12 | يار. 33:25؛ ئەف. 3:5؛ كول. 5:3؛ 1تېس. 3:4. |
| ئىبر. | 17:12 | يار. 36:27. |
| ئىبر. | 18:12 | مىس. 16،10:19؛ 21:20؛ قان. 22:5. |
| ئىبر. | 19:12 | مىس. 19:20؛ قان. 25:5؛ 16:18. |
| ئىبر. | 20:12 | مىس. 13:19. |
| ئىبر. | 21:12 | قان. 19:9. |
| ئىبر. | 22:12 | گال. 26:4؛ ۋەھ. 12:3؛ 10-27:21. |
| ئىبر. | 23:12 | لۇقا 20:10. |
| ئىبر. | 24:12 | يار. 10:4؛ ئىبر. 22:10؛ 4:11؛ 1پېت. 2:1. |
| ئىبر. | 25:12 | ئىبر. 3:2. |
| ئىبر. | 26:12 | ھاگ. 5:2. |
| ئىبر. | 28:12 | 1پېت. 5:2. |
| ئىبر. | 29:12 | قان. 24:4. |
| ئىبر. | 1:13 | رىم. 10:12؛ ئەف. 3:4؛ 1پېت. 22:1؛ 17:2؛ 8:4. |
| ئىبر. | 2:13 | يار. 1:18؛ 1:19؛ رىم. 13:12؛ 1پېت. 9:4. |
| ئىبر. | 3:13 | مات. 36:25. |
| ئىبر. | 5:13 | يار. 15:28؛ مىس. 8:23؛ قان. 19:16؛ 6:31، 8؛ يە. 5:1؛ 1تار. 20:28؛ پەند. 16:15؛ فىل. 11:4؛ 1تىم. 6:6، 8. |
| ئىبر. | 6:13 | زەب. 4:54؛ 4:56؛ 6-7:118 |
| ئىبر. | 7:13 | ئىبر. 17:13. |
| ئىبر. | 9:13 | يەر. 8:29؛ مات. 4:24؛ يۇھ. 27:6؛ رىم. 17:14؛ 17:16؛ ئەف. 14:4؛ 6:5؛ كول. 16:2؛ 2تېس. 2:2؛ 2تىم. 3:4؛ 1يۇھ. 1:4. |
| ئىبر. | 11:13 | مىس. 14:29؛ لاۋ. 21:4؛ 30:6؛ 27:16؛ چۆل. 3:19. |

| | | |
|---|---|---|
| ئىبر. | 12:13 | يـۇھ. 17:19، 18. |
| ئىبر. | 14:13 | فىل. 20:3. |
| ئىبر. | 15:13 | هوش. 3:14. |
| ئىبر. | 16:13 | فىل. 18:4. |
| ئىبر. | 17:13 | ئەز. 18:3؛ 8:33؛ فىل. 29:2؛ 1تېس. 12:5؛ 1تىم. 17:5. |
| ئىبر. | 20:13 | يەش. 11:40؛ ئەز. 23:34؛ يـۇھ. 11:10؛ 1پېت. 4:5. |
| ئىبر. | 21:13 | 2كور. 5:3؛ فىل. 13:2. |

# ياقۇپ

| | | |
|---|---|---|
| ياق. | 1:1 | روس. 1:8؛ 1پېت. 1:1. |
| ياق. | 2:1 | مات. 11:5؛ رىم. 3:5؛ 1پېت. 6:1. |
| ياق. | 3:1 | رىم. 3:5؛ 1پېت. 7:1. |
| ياق. | 5:1 | پەند. 3:2؛ يەر. 12:29؛ مات. 7:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ يـۇھ. 24:16؛ 1يۇھ. 22:3؛ 14:5. |
| ياق. | 11:1 | يەش. 6:40، 7؛ 1كور. 31:7؛ ياق. 14:4؛ 1پېت. 24:1؛ 1يۇھ. 17:2. |
| ياق. | 12:1 | ئايۇپ 17:5؛ مات. 22:10؛ 28:19، 29؛ 2تىم. 8:4؛ 1پېت. 4:5؛ ۋەھ. 10:2. |
| ياق. | 17:1 | پەند. 6:2؛ يەش. 27:14؛ 10:46؛ مال. 6:3؛ رىم. 29:11؛ 1كور. 7:4. |
| ياق. | 18:1 | 1كور. 15:4؛ گال. 19:4؛ 1پېت. 23:1. |
| ياق. | 19:1 | پەند. 27:17؛ توپ. 1:5. |
| ياق. | 21:1 | رىم. 12:13؛ كول. 8:3. |
| ياق. | 22:1 | مات. 21:7؛ لۇقا 28:11؛ رىم. 13:2؛ 1يۇھ. 7:3. |
| ياق. | 23:1-24 | لۇقا 47:6. |
| ياق. | 25:1 | مات. 19:5. |

| | | |
|---|---|---|
| ياق. | 26:1 | زەب. 13:34؛ ياق. 6:3؛ 1پېت. 10:3. |
| ياق. | 1:2 | لاۋ. 15:19؛ قان. 19:16؛ پەند. 23:24؛ مات. 16:22. |
| ياق. | 5:2 | مىس. 6:20؛ 1سام. 30:2؛ پەند. 17:8؛ مات. 3:5؛ يــۇھ. 48:7؛ 1كور. 29:1ـ26. |
| ياق. | 8:2 | لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ مار. 31:12؛ رىم. 9:13؛ گال. 14:5؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4. |
| ياق. | 10:2 | قان. 26:27؛ مات. 19:5؛ گال. 10:3. |
| ياق. | 11:2 | مىس. 13:20،14؛ قان. 18:5،17؛ مات. 27:5. |
| ياق. | 13:2 | مات. 15:6؛ 35:18؛ مار. 25:11؛ لۇقا 25:16. |
| ياق. | 14:2 | مات. 26:7؛ ياق. 23:1. |
| ياق. | 15:2ـ16 | لۇقا 11:3؛ 1يۇھ. 17:3. |
| ياق. | 21:2 | يار. 10:22. |
| ياق. | 23:2 | يار. 6:15؛ رىم. 3:4؛ گال. 6:3. |
| ياق. | 25:2 | يە. 1:2؛ 23:6؛ ئىبر. 31:11. |
| ياق. | 1:3 | مات. 1:7؛ 8:23؛ لۇقا 37:6. |
| ياق. | 2:3 | زەب. 13:34؛ ياق. 26:1. |
| ياق. | 5:3 | پەند. 18:12؛ 2:15. |
| ياق. | 13:3 | ئەف. 8:5. |
| ياق. | 14:3 | رىم. 13:13. |
| ياق. | 15:3 | 1كور. 6:2، 7. |
| ياق. | 16:3 | 1كور. 3:3؛ گال. 20:5. |
| ياق. | 1:4 | رىم. 23:7؛ 1پېت. 11:2. |
| ياق. | 3:4 | مات. 22:20؛ رىم. 26:8. |
| ياق. | 4:4 | يــۇھ. 9:15؛ گال. 10:1؛ 1يۇھ. 15:2. |
| ياق. | 5:4 | چۆل. 29:11. |
| ياق. | 6:4 | پەند. 34:3؛ 1پېت. 5:5. |
| ياق. | 7:4 | ئەف. 27:4؛ 1پېت. 9:5. |
| ياق. | 9:4 | مات. 4:5. |

| | | |
|---|---|---|
| ياق. | 10:4 | ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 11:14؛ 14:18؛ 1پېت. 6:5. |
| ياق. | 13:4 | لۇقا 18:12. |
| ياق. | 14:4 | يەش. 6:40؛ 1كور. 31:7؛ ياق. 10:1؛ 1پېت. 24:1؛ 1يۇھ. 17:2. |
| ياق. | 15:4 | روس. 21:18؛ 1كور. 19:4؛ ئىبر. 3:6. |
| ياق. | 17:4 | لۇقا 47:12. |
| ياق. | 1:5 | پەند. 28:11؛ ئام. 1:6؛ لۇقا 24:6؛ 1تىم. 9:6. |
| ياق. | 3:5 | مات. 19:6؛ رىم. 5:2. |
| ياق. | 4:5 | لاۋ. 13:19؛ قان. 14:24. |
| ياق. | 5:5 | ئايۇپ 13:21؛ لۇقا 19:16،25. |
| ياق. | 11:5 | چۆل. 18:14؛ ئايۇپ 21:1، 22؛ 17:42ـ10؛ زەب. 103:9ـ8؛ مات. 11:5. |
| ياق. | 12:5 | مات. 34:5؛ 2كور. 17:1، 18. |
| ياق. | 13:5 | ئەف. 19:5؛ كول. 16:3. |
| ياق. | 14:5 | مار. 13:6. |
| ياق. | 17:5 | 1پاد. 1:17؛ لۇقا 25:4. |
| ياق. | 18:5 | 1پاد. 45:18. |
| ياق. | 19:5 | مات. 15:18؛ گال. 2:6ـ1 |
| ياق. | 20:5 | پەند. 12:10؛ 30:11؛ 1پېت. 8:4. |

# پېترۇس «1»

| | | |
|---|---|---|
| 1پېت. | 1:1 | ياق. 1:1. |
| 1پېت. | 2:1 | رىم. 7:1؛ 1كور. 3:1؛ گال. 3:1؛ ئەف. 2:1؛ 2پېت. 2:1؛ يەھ. 2. |
| 1پېت. | 3:1 | رىم. 23:6؛ 1كور. 20:15؛ 2كور. 3:1؛ ئەف. 3:1؛ ياق. 18:1. |
| 1پېت. | 4:1 | كول. 5:1؛ 2تىم. 12:1. |
| 1پېت. | 6:1 | رىم. 3:5؛ ئىبر. 37:10؛ 1پېت. 10:5؛ ياق. 2:1. |
| 1پېت. | 7:1 | يەش. 10:48؛ 1كور. 13:3؛ ياق. 3:1؛ 1پېت. 12:4. |
| 1پېت. | 8:1 | يـۇھ. 29:20. |
| 1پېت. | 10:1 | يار. 10:49؛ دان. 44:2؛ ھاگ. 8:2؛ زەك. 12:6. |
| 1پېت. | 11:1 | زەب. 6:22؛ يەش. 3:53؛ دان. 24:9. |
| 1پېت. | 12:1 | روس. 4:2؛ ئەف. 10:3. |
| 1پېت. | 13:1 | لۇقا 35:12؛ ئەف. 14:6. |
| 1پېت. | 15:1 | لۇقا 75:1. |
| 1پېت. | 16:1 | لاۋ. 44:11،45؛ 2:19؛ 7:20. |
| 1پېت. | 17:1 | قان. 17:10؛ 2تار. 7:19؛ ئايۇپ 19:34؛ روس. 34:10؛ رىم. 11:2؛ گال. 6:2؛ ئەف. 9:6؛ كول. 25:3. |
| 1پېت. | 18:1 | 1كور. 20:6؛ 23:7. |
| 1پېت. | 19:1 | روس. 28:20؛ ئىبر. 12:9؛ ۋەھ. 5:1. |
| 1پېت. | 20:1 | رىم. 25:16؛ ئەف. 9:1؛ 9:3؛ كول. 26:1؛ 2تىم. 9:1؛ تىت. 2:1. |
| 1پېت. | 21:1 | روس. 33:2؛ فىل. 9:2. |
| 1پېت. | 22:1 | رىم. 10:12؛ ئەف. 3:4؛ ئىبر. 1:13؛ 1پېت. 17:2. |
| 1پېت. | 23:1 | ياق. 18:1؛ 1يۇھ. 9:3. |
| 1پېت. | 24:1 | يەش. 8:40-6؛ 1كور. 31:7؛ ياق. 10:1؛ 14:4؛ 1يۇھ. 17:2. |
| 1پېت. | 1:2 | مات. 3:18؛ رىم. 4:6؛ 1كور. 20:14؛ ئەف. 23:4؛ كول. 8:3؛ ئىبر. 1:12. |

1پېت. 3ـ2:2 زەب. 8:34
1پېت. 4:2 ئەف. 20:2.
1پېت. 5:2 رىم. 1:12؛ ئىبر. 6:3؛ 28:12؛ ۋەھ. 6:1؛ 10:5.
1پېت. 6:2 يەش. 16:28.
1پېت. 8ـ7:2 زەب. 22:118؛ مات. 42:21؛ روس. 11:4؛ رىم. 33:9؛
يەش. 14:8.
1پېت. 9:2 مىس. 5:19؛ قان. 6:7؛ 2:14؛ 18:26؛ ئەف. 14:1؛ ۋەھ. 6:1؛
10:5.
1پېت. 10:2 ھوش. 1:2؛ 25:2؛ رىم. 26:9.
1پېت. 11:2 رىم. 14:13؛ گال. 16:5.
1پېت. 12:2 مات. 16:5؛ لۇقا 68:1؛ 44:19؛ رىم. 17:12؛ 2كور. 21:8؛
فىل. 15:2؛ تىت. 8:2؛ 1پېت. 16:3.
1پېت. 14ـ13:2 رىم. 1:13؛ تىت. 1:3.
1پېت. 15:2 تىت. 8:2.
1پېت. 16:2 يـۇھ. 32:8؛ رىم. 18:6؛ گال. 1:5.
1پېت. 17:2 مات. 21:22؛ رىم. 10:12؛ ئەف. 3:4؛ ئىبر. 1:13؛ 1پېت. 22:1؛
5:5.
1پېت. 18:2 ئەف. 5:6؛ كول. 22:3؛ 1تىم. 1:6؛ تىت. 9:2.
1پېت. 19:2 مات. 10:5.
1پېت. 20:2 1پېت. 14:3؛ 14:4.
1پېت. 21:2 يـۇھ. 15:13؛ فىل. 5:2؛ 1يۇھ. 6:2.
1پېت. 22:2 يەش. 9:53؛ 2كور. 21:5؛ 1يۇھ. 5:3.
1پېت. 23:2 مات. 39:27؛ يـۇھ. 48:8،49.
1پېت. 24:2 يەش. 4:53؛ مات. 17:8؛ رىم. 11:6.
1پېت. 25:2 يەش. 6:53؛ ئەز. 6:34؛ لۇقا 4:15.
1پېت. 2ـ1:3 يار. 16:3؛ 1كور. 34:14؛ ئەف. 22:5؛ كول. 18:3؛
تىت. 5:2.
1پېت. 3:3 1تىم. 9:2؛ تىت. 3:2.

1پېت. 6:3 يار. 12:18.
1پېت. 7:3 ئەف. 33:5ـ25؛ كول. 19:3.
1پېت. 8:3 رىم. 16:12؛ 5:15؛ 1كور. 10:1؛ فىل. 2:2؛ 16:3.
1پېت. 9:3 لاۋ. 18:19؛ پەند. 22:20؛ 29:24؛ مات. 39:5؛ 34:25؛ رىم. 17:12؛ 1كور. 7:6؛ 1تېس. 15:5؛ 1تىم. 8:4.
1پېت. 10:3 زەب. 16:34ـ12؛ ياق. 26:1
1پېت. 11:3 زەب. 27:37؛ يەش. 16:1؛ 3يۇھ. 11.
1پېت. 12:3 زەب. 16:34ـ12
1پېت. 14:3 يەش. 13:8ـ12؛ يەر. 8:1؛ مات. 10:5؛ 1پېت. 20:2؛ 14:4.
1پېت. 15:3 ئايۇپ 21:1؛ زەب. 46:119؛ روس. 8:4.
1پېت. 16:3 تىت. 8:2؛ 1پېت. 12:2،15.
1پېت. 18:3 رىم. 6:5؛ ئىبر. 15:9،28.
1پېت. 19:3 1پېت. 6:4.
1پېت. 20:3 يار. 3:6،14؛ 18:8؛ مات. 37:24؛ لۇقا 26:17؛ رىم. 4:2؛ 2پېت. 5:2.
1پېت. 21:3 روس. 39:2ـ38؛ ئەف. 26:5؛ كول. 13:2ـ11
1پېت. 22:3 ئەف. 20:1.
1پېت. 1:4 رىم. 7:6؛ ئىبر. 1:12.
1پېت. 2:4 رىم. 7:14؛ 2كور. 15:5؛ گال. 20:2؛ ئەف. 24:4؛ 1تېس. 10:5؛ ئىبر. 14:9.
1پېت. 3:4 ئەف. 17:4.
1پېت. 6:4 يـۇھ. 25:5؛ 1پېت. 19:3.
1پېت. 7:4 لۇقا 34:21؛ 1يۇھ. 18:2.
1پېت. 8:4 پەند. 12:10.
1پېت. 9:4 رىم. 13:12؛ فىل. 14:2؛ ئىبر. 2:13.
1پېت. 10:4 پەند. 28:3؛ رىم. 6:12؛ 2كور. 11:8.
1پېت. 11:4 يەر. 22:23.

1پېت. 12:4 يەر. 10:48؛ 1كور. 13:3؛ 1پېت. 7:1.

1پېت. 14:4 مات. 10:5؛ 1پېت. 20:2؛ 14:3.

1پېت. 17:4 يەر. 29:25؛ لۇقا 12:10؛ 31:23.

1پېت. 18:4 پەند. 31:11.

1پېت. 2:5 روس. 28:20؛ 1تىم. 3:3؛ تىت. 7:1.

1پېت. 3:5 2كور. 24:1؛ فىل. 17:3؛ 1تىم. 12:4؛ تىت. 7:2.

1پېت. 4:5 يەش. 11:40؛ ئەز. 23:34؛ يـۇھ. 11:10؛ 1كور. 25:9؛ ئىبر. 20:13؛ 2تىم. 8:4؛ ياق. 12:1؛ 1پېت. 4:1؛ 25:2.

1پېت. 5:5 پەند. 34:3؛ رىم. 10:12؛ فىل. 3:2؛ ياق. 6:4.

1پېت. 6:5 ئايۇپ 29:22؛ پەند. 23:29؛ مات. 12:23؛ لۇقا 11:14؛ ياق. 10:4.

1پېت. 7:5 زەب. 22:55؛ مات. 25:6؛ لۇقا 22:12؛ 1كور. 9:9؛ فىل. 6:4؛ ئىبر. 5:13؛ 1تىم. 8:6.

1پېت. 8:5 ئايۇپ 7:1؛ لۇقا 31:22؛ 1تېس. 6:5؛ 1پېت. 13:1؛ 7:4.

1پېت. 9:5 ئەف. 27:4؛ ياق. 7:4.

1پېت. 10:5 ئىبر. 37:10؛ 1پېت. 6:1.

1پېت. 14:5 رىم. 16:16؛ 1كور. 20:16؛ 2كور. 12:13؛ 1تېس. 26:5.

# پېترۇس «2»

2پېت. 2:1 يـۇھ. 3:17؛ رىم. 7:1؛ 1پېت. 2:1؛ يەھ. 2.

2پېت. 4:1 يەش. 5:56؛ يـۇھ. 12:1؛ رىم. 15:8؛ گال. 26:3.

2پېت. 8:1 تىت. 14:3.

2پېت. 9:1 يەش. 10:59؛ زەف. 17:1.

2پېت. 13:1 2پېت. 1:3.

2پېت. 14:1 يـۇھ. 18:21،19؛ 2تىم. 6:4.

2پېت. 16:1 مات. 1:17؛ يـۇھ. 14:1؛ 1كور. 17:1؛ 1:2، 4؛ 20:4؛ 1يۇھ. 1:1.

2پېت. 17:1 مات. 17:3؛ 5:17؛ مار. 11:1؛ 7:9؛ لۇقا 22:3؛ 35:9؛
كول. 13:1.
2پېت. 19:1 2كور. 6:4؛ ۋەھ. 16:22.
2پېت. 21:1 2تىم. 16:3.
2پېت. 1:2 قان. 2:13؛ مات. 11:24؛ روس. 29:20؛ 1تىم. 1:4؛
2تىم. 1:3.
2پېت. 3:2 يەھ. 4.
2پېت. 4:2 يەھ. 6؛ ۋەھ. 3:20.
2پېت. 5:2 يار. 23:7؛ 1پېت. 19:3.
2پېت. 6:2 يار. 24:19؛ قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 40:50؛
ئەز. 49:16؛ ھوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ يەھ. 7.
2پېت. 7:2 يار. 7:19، 8.
2پېت. 8:2 زەب. 158:119.
2پېت. 9:2 1كور. 13:10.
2پېت. 12:2 يەر. 3:12؛ يەھ. 10.
2پېت. 15:2 چۆل. 22:7،21؛ يەھ. 11.
2پېت. 16:2 چۆل. 21:22.
2پېت. 17:2 يەھ. 12.
2پېت. 19:2 يـﯘھ. 34:8؛ رىم. 16:6.
2پېت. 20:2 مات. 45:12؛ ئىبر. 4:6؛ 26:10.
2پېت. 22:2 پەند. 11:26.
2پېت. 1:3 2پېت. 13:1.
2پېت. 3:3 1تىم. 1:4؛ 2تىم. 1:3؛ يەھ. 18.
2پېت. 4:3 ئەز. 22:12.
2پېت. 5:3 يار. 9:1؛ زەب. 2:24.
2پېت. 6:3 يار. 10:7،21.
2پېت. 7:3 زەب. 102:26ـ25؛ يەش. 6:51؛ 2تېس. 8:1؛
ئىبر. 11:1؛ 2پېت. 10:3.

| | | |
|---|---|---|
| 2پېت. | 8:3 | زەب. 4:90. |
| 2پېت. | 9:3 | ئەز. 32:18؛ 11:33؛ يەش. 18:30؛ هاب. 3:2؛ رىم. 4:2؛ 1تىم. 4:2؛ 1پېت. 20:3؛ 2پېت. 15:3. |
| 2پېت. | 10:3 | مات. 43:24،44؛ 1تېس. 2:5؛ ۋەھ. 3:3؛ 15:16. |
| 2پېت. | 12:3 | زەب. 3:50؛ 2تېس. 8:1. |
| 2پېت. | 13:3 | يەش. 17:65؛ 22:66؛ ۋەھ. 1:21. |
| 2پېت. | 15:3 | رىم. 4:2. |
| 2پېت. | 16:3 | رىم. 19:8؛ 1كور. 24:15؛ 1تېس. 15:4. |

# يۇھاننا «1»

| | | |
|---|---|---|
| 1يۇھ. | 1:1 | لۇقا 39:24؛ يۇھ. 27:20؛ يۇھ. 1:1، 14؛ 2پېت. 16:1. |
| 1يۇھ. | 5:1 | يۇھ. 9:1؛ 12:8؛ 5:9؛ 35:12، 36. |
| 1يۇھ. | 7:1 | ئىبر. 14:9؛ 1پېت. 19:1؛ ۋەھ. 5:1. |
| 1يۇھ. | 8:1 | 1پاد. 46:8؛ 2تار. 36:6؛ ئايۇپ 2:9؛ زەب. 2:143؛ پەند. 9:20؛ توپ. 20:7. |
| 1يۇھ. | 9:1 | زەب. 5:32؛ پەند. 13:28. |
| 1يۇھ. | 1:2 | 1تىم. 5:2؛ ئىبر. 25:7. |
| 1يۇھ. | 2:2 | يۇھ. 42:4؛ رىم. 25:3؛ 2كور. 18:5؛ كول. 20:1؛ 1يۇھ. 10:4، 14. |
| 1يۇھ. | 4:2 | 1يۇھ. 20:4. |
| 1يۇھ. | 5:2 | يۇھ. 35:13. |
| 1يۇھ. | 6:2 | يۇھ. 15:13؛ 1پېت. 21:2. |
| 1يۇھ. | 7:2 | 2يۇھ. 5. |
| 1يۇھ. | 8:2 | يۇھ. 34:13؛ 12:15. |
| 1يۇھ. | 10:2 | يۇھ. 35:12؛ 1يۇھ. 14:3. |
| 1يۇھ. | 12:2 | لۇقا 47:24؛ روس. 12:4؛ 38:13. |

1يۇھ. 15:2 گال. 10:1؛ ياق. 4:4.
1يۇھ. 17:2 زەب. 90:10ـ9؛ يەش. 6:40؛ 1كور. 31:7؛
ياق. 10:1؛ 14:4؛ 1پېت. 24:1.
1يۇھ. 18:2 مات. 5:24؛ 2تېس. 3:2.
1يۇھ. 19:2 زەب. 9:41؛ روس. 30:20؛ 1كور. 19:11.
1يۇھ. 20:2 زەب. 7:45؛ 2:133؛ 2كور. 21:1؛ ئىبر. 9:1.
1يۇھ. 23:2 لۇقا 9:12؛ 2تىم. 12:2.
1يۇھ. 27:2 يەر. 34:31؛ ئىبر. 11:8.
1يۇھ. 28:2 مار. 38:8؛ 1يۇھ. 2:3.
1يۇھ. 1:3 يـۇھ. 12:1.
1يۇھ. 2:3 يەش. 5:56؛ مات. 12:5؛ يـۇھ. 12:1؛ رىم. 15:8، 18؛
2كور. 17:4؛ گال. 26:3؛ 6:4؛ فىل. 21:3؛ كول. 4:3.
1يۇھ. 4:3 1يۇھ. 17:5.
1يۇھ. 5:3 يەش. 9:53،12؛ 2كور. 21:5؛ 1پېت. 22:2؛ 1تىم. 15:1.
1يۇھ. 7:3 1يۇھ. 29:2.
1يۇھ. 9:3 1پېت. 23:1؛ 1يۇھ. 18:5.
1يۇھ. 11:3 يـۇھ. 34:13؛ 12:15؛ 1يۇھ. 23:3.
1يۇھ. 12:3 يار. 8:4؛ ئىبر. 4:11.
1يۇھ. 13:3 يـۇھ. 18:15.
1يۇھ. 14:3 1يۇھ. 10:2.
1يۇھ. 15:3 مات. 21:5؛ گال. 21:5.
1يۇھ. 16:3 يـۇھ. 13:15؛ ئەف. 2:5.
1يۇھ. 17:3 قان. 7:15؛ لۇقا 11:3؛ ياق. 15:2.
1يۇھ. 22:3 يەر. 12:29؛ مات. 8:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛
يـۇھ. 13:14؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 14:5.
1يۇھ. 23:3 لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يـۇھ. 29:6؛ 34:13؛ 12:15؛
3:17؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 21:4.
1يۇھ. 24:3 يـۇھ. 23:14؛ 10:15؛ 1يۇھ. 12:4.

| | | |
|---|---|---|
| 1يۇھ. | 1:4 | يەر. 8:29؛ مات. 15:7، 16؛ 24:4، 5، 24؛ 1كور. 29:14؛ ئەف. 5:6؛ كول. 18:2؛ 2پېت. 2:1؛ 2يۇھ. 7. |
| 1يۇھ. | 3:4 | 2تېس. 7:2؛ 1يۇھ. 18:2، 22. |
| 1يۇھ. | 6:4 | يۇھ. 47:8؛ 27:10. |
| 1يۇھ. | 9:4 | يۇھ. 16:3؛ رىم. 8:5. |
| 1يۇھ. | 10:4 | رىم. 24:3، 25؛ 2كور. 19:5؛ كول. 19:1؛ 1يۇھ. 2:2. |
| 1يۇھ. | 12:4 | مىس. 20:33؛ قان. 12:4؛ يۇھ. 18:1؛ 1تىم. 17:1؛ 16:6؛ 1يۇھ. 24:3. |
| 1يۇھ. | 20:4 | 1يۇھ. 4:2. |
| 1يۇھ. | 21:4 | لاۋ. 18:19؛ مات. 39:22؛ يۇھ. 34:13؛ 12:15؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 23:3. |
| 1يۇھ. | 1:5 | يۇھ. 12:1. |
| 1يۇھ. | 3:5 | مات. 29:11،30؛ يۇھ. 15:14؛ 10:15. |
| 1يۇھ. | 4:5 | يۇھ. 33:16. |
| 1يۇھ. | 5:5 | 1كور. 57:15؛ 1يۇھ. 15:4. |
| 1يۇھ. | 10:5 | يۇھ. 36:3؛ رىم. 16:8؛ گال. 6:4. |
| 1يۇھ. | 11:5 | يۇھ. 4:1. |
| 1يۇھ. | 13:5 | يۇھ. 31:20. |
| 1يۇھ. | 14:5 | يەر. 12:29؛ مات. 8:7؛ 22:21؛ مار. 24:11؛ لۇقا 9:11؛ يۇھ. 13:14؛ 7:15؛ 24:16؛ ياق. 5:1؛ 1يۇھ. 2:3. |
| 1يۇھ. | 16:5 | چۆل. 30:15؛ 1سام. 25:2؛ مات. 31:12؛ مار. 29:3؛ لۇقا 10:12؛ ئىبر. 4:6؛ 26:10؛ 2پېت. 2:2. |
| 1يۇھ. | 17:5 | 1يۇھ. 4:3. |
| 1يۇھ. | 18:5 | 1يۇھ. 9:3. |
| 1يۇھ. | 20:5 | يەش. 5:9؛ 6:44؛ 5:54؛ لۇقا 45:24؛ يۇھ. 28:20؛ رىم. 5:9؛ 1تىم. 16:3. |

# يۇھاننا «2»

2يۇھ. 5:1 يـۇھ. 34:13؛ 12:15؛ ئەف. 2:5؛ 1تېس. 9:4؛ 1پېت. 8:4؛ 1يۇھ. 7:2؛ 23:3؛ 21:4.
2يۇھ. 6:1 يـۇھ. 10:15.
2يۇھ. 7:1 مات. 5:24،24؛ 2پېت. 1:2؛ 1يۇھ. 1:4.
2يۇھ. 10:1 رىم. 17:16؛ 2تىم. 5:3؛ تىت. 10:3.

# يۇھاننا «3»

3يۇھ. 11:1 زەب. 27:37؛ يەش. 16:1؛ 1پېت. 11:3؛ 1يۇھ. 6:3.
3يۇھ. 13:1 2يۇھ. 12.

# يەھۇدا

يەھ. 4:1 1پېت. 8:2؛ 2پېت. 1:2، 3.
يەھ. 5:1 چۆل. 29:14؛ 64:26، 65؛ زەب. 106:27-24؛ 1كور. 5:10؛ ئىبر. 17:3.
يەھ. 6:1 يار.6:4-1؛ 2پېت. 4:2.
يەھ. 7:1 يار. 24:19؛ قان. 22:29؛ يەش. 19:13؛ يەر. 40:50؛ ئەز. 49:16؛ هوش. 8:11؛ ئام. 11:4؛ لۇقا 29:17؛ 2پېت. 6:2.
يەھ. 9:1 دان. 13:10؛ 1:12؛ زەك. 2:3؛ 2پېت. 11:2؛ ۋەھ. 7:12.
يەھ. 10:1 2پېت. 12:2.
يەھ. 11:1 يار. 8:4؛ چۆل. 1:16؛ 7:22،21؛ 2پېت. 15:2؛1يۇھ. 12:3.

| | | |
|---|---|---|
| يەھ. | 12:1 | 2پېت. 17،13:2. |
| يەھ. | 13:1 | يەش. 20:57. |
| يەھ. | 14:1 | يار. 18:5؛ دان. 10:7؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 10:1؛ 2تېس. 10:1؛ ۋەھ. 7:1. |
| يەھ. | 15:1 | مات. 36:12. |
| يەھ. | 16:1 | 2پېت. 18:2. |
| يەھ. | 18:1 | روس. 29:20؛ 1تىم. 1:4؛ 2تىم. 1:3؛ 3:4؛ 2پېت. 1:2؛ 3:3. |
| يەھ. | 24:1-25 | رىم. 27:16؛ 1تىم. 17:1. |

# ۋەھي

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 3:1 | ۋەھ. 7،10:22. |
| ۋەھ. | 4:1 | مىس. 14:3؛ ۋەھ. 8:1؛ 8:4؛ 17:11؛ 5:16. |
| ۋەھ. | 5:1 | يەش. 4:55؛ روس. 28:20؛ 1كور. 20:15؛ كول. 18:1؛ ئىبر. 12،14:9؛ 1پېت. 19:1؛ 1يۇھ. 7:1؛ ۋەھ. 14:3؛ 9:5. |
| ۋەھ. | 6:1 | رىم. 1:12؛ 1پېت. 2:5، 9؛ ۋەھ. 10:5. |
| ۋەھ. | 7:1 | دان. 13:7؛ زەك. 10:12؛ مات. 30:24؛ 31:25؛ يۇھ. 37:19؛ روس. 11:1؛ 1تېس. 10:1؛ 2تېس. 10:1؛ يەھ. 14. |
| ۋەھ. | 8:1 | يەش. 4:41؛ 6:44؛ ۋەھ. 6:21؛ 13:22. |
| ۋەھ. | 10:1 | ۋەھ. 2:4. |
| ۋەھ. | 13:1 | ئەز. 26:1؛ دان. 13:7؛ ۋەھ. 14:14. |
| ۋەھ. | 14:1 | دان. 9:7؛ ۋەھ. 12:19. |
| ۋەھ. | 15:1 | ۋەھ. 2:14. |
| ۋەھ. | 16:1 | يەش. 2:49؛ ئەف. 17:6؛ ئىبر. 12:4؛ ۋەھ. 16:2؛ 15:19. |
| ۋەھ. | 17:1 | يەش. 4:41؛ 6:44؛ 12:48. |

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 18:1 | ئايۇپ 14:12؛ يەش. 22:22؛ رىم. 9:6؛ ۋەھ. 7:3؛ 1:20. |
| ۋەھ. | 6:2 | ۋەھ. 15:2 |
| ۋەھ. | 7:2 | يار. 9:2؛ ۋەھ. 2:22. |
| ۋەھ. | 8:2 | يەش. 4:41؛ 6:44؛ ۋەھ. 17:1. |
| ۋەھ. | 11:2 | مات. 9:13. |
| ۋەھ. | 12:2 | ۋەھ. 16:1؛ 16:2. |
| ۋەھ. | 14:2 | چۆل. 23:22؛ 14:24؛ 1:25؛ 16:31. |
| ۋەھ. | 15:2 | ۋەھ. 6:2 |
| ۋەھ. | 16:2 | يەش. 2:49؛ ئەف. 17:6؛ ئىبر. 12:4؛ ۋەھ. 16:1. |
| ۋەھ. | 17:2 | مىس. 36:16ـ4. |
| ۋەھ. | 18:2 | ۋەھ. 14:1،15. |
| ۋەھ. | 20:2 | 1پاد. 31:16؛ 2پاد. 7:9. |
| ۋەھ. | 23:2 | 1سام. 7:16؛ 1تار. 9:28؛ 17:29؛ زەب.7:9؛ 12:62؛ يەر. 20:11؛ 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ روس. 24:1؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 12:20. |
| ۋەھ. | 24:2ـ25 | ۋەھ. 11:3. |
| ۋەھ. | 27:2 | زەب. 9:2ـ8. |
| ۋەھ. | 1:3 | ۋەھ. 14:1، 16. |
| ۋەھ. | 3:3 | مات. 43:24؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 19:3؛ 15:16. |
| ۋەھ. | 5:3 | مىس. 32:32؛ زەب. 28:69؛ مات. 32:10؛ لۇقا 8:12؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 12:20؛ 27:21. |
| ۋەھ. | 7:3 | ئايۇپ 14:12؛ يەش. 22:22؛ ۋەھ. 18:1؛ 14:3. |
| ۋەھ. | 9:3 | ۋەھ. 9:2؛ پەند. 19:14 |
| ۋەھ. | 11:3 | ۋەھ. 25:2. |
| ۋەھ. | 12:3 | 1پاد. 21:7؛ ۋەھ. 2:21،10؛ 4:22. |
| ۋەھ. | 14:3 | كول. 15:1؛ ۋەھ. 5:1، 6. |
| ۋەھ. | 18:3 | 2كور. 3:5؛ ۋەھ. 13:7؛ 15:16؛ 8:19. |

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 19:3 | ئايۇپ 17:5؛ پەند. 12:3؛ ئىبر. 5:12. |
| ۋەھ. | 21:3 | مات. 28:19؛ 1كور. 2:6. |
| ۋەھ. | 6:4 | ۋەھ. 2:15. |
| ۋەھ. | 8:4 | يەش. 3:6؛ ۋەھ. 1:4، 8؛ 17:11؛ 5:16. |
| ۋەھ. | 11:4 | ۋەھ. 12:5. |
| ۋەھ. | 1:5 | ئەز. 10:2. |
| ۋەھ. | 3:5 | فىل. 10:2؛ ۋەھ. 13:5. |
| ۋەھ. | 5:5 | يار. 9:49،10؛ يەش. 10:11؛ رىم. 12:15؛ ۋەھ. 16:22. |
| ۋەھ. | 6:5 | زەك. 3:9؛ 4:10؛ ۋەھ. 5:4. |
| ۋەھ. | 8:5 | زەب. 2:141؛ ۋەھ. 2:14. |
| ۋەھ. | 9:5 | روس. 28:20؛ ئەف. 7:1؛ كول. 14:1؛ ئىبر. 12:9؛ 10:10؛ 1پېت. 19:1؛ 1يۇھ. 7:1؛ ۋەھ. 11:4. |
| ۋەھ. | 10:5 | مىس. 6:19؛ 1پېت. 5:2، 9؛ ۋەھ. 6:1. |
| ۋەھ. | 11:5 | دان. 10:7؛ ئىبر. 22:12. |
| ۋەھ. | 12:5 | ۋەھ. 11:4. |
| ۋەھ. | 2:6 | ۋەھ. 11:19. |
| ۋەھ. | 6:6 | ۋەھ. 4:9. |
| ۋەھ. | 9:6 | ۋەھ. 10:19؛ 4:20. |
| ۋەھ. | 12:6 | يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش.10:13؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2. |
| ۋەھ. | 16:6 | يەش. 19:2؛ هوش. 8:10؛ لۇقا 30:23؛ ۋەھ. 6:9. |
| ۋەھ. | 17:6 | يو. 10:2، 31؛ 15:3؛ يەش. 2:22-12؛ 13:13-6؛ 23:24؛ ئام. 9:8؛ مات. 29:24؛ روس. 20:2 |
| ۋەھ. | 4:7 | ۋەھ. 1:14. |
| ۋەھ. | 16:7 | يەش. 10:49. |
| ۋەھ. | 17:7 | يەش. 8:25؛ زەب. 1:23؛ ۋەھ. 4:21. |
| ۋەھ. | 4:8 | زەب. 2:141 |
| ۋەھ. | 1:9 | لۇقا 31:8؛ ۋەھ. 8:17. |

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 4:9 | ئەز. 4:9؛ ۋەھ. 6:6؛ 3:7. |
| ۋەھ. | 6:9 | يەش. 19:2؛ يەر. 3:8؛ هوش. 8:10؛ لۇقا 30:23؛ ۋەھ. 16:6. |
| ۋەھ. | 7:9 | مىس. 4:10. |
| ۋەھ. | 12:9 | ۋەھ. 13:8. |
| ۋەھ. | 20:9 | زەب. 4:115، 5، 6، 7؛ 15:135. |
| ۋەھ. | 1:10 | مات. 2:17؛ ۋەھ. 15:1. |
| ۋەھ. | 4:10 | دان. 26:8؛ 4:12. |
| ۋەھ. | 5:10 | دان. 7:12. |
| ۋەھ. | 6:10 | ۋەھ. 15:11. |
| ۋەھ. | 9:10 | ئەز. 1:3. |
| ۋەھ. | 1:11 | ئەز. 49:40-3؛ ئەز. 41؛ ئەز. 42؛ ئەز. 43. |
| ۋەھ. | 2:11 | ۋەھ. 5:13. |
| ۋەھ. | 4:11 | زەك. 3:4،14. |
| ۋەھ. | 6:11 | مىس. 7؛ 8؛ 9؛ 10؛ 12؛ 1پاد. 1:17. |
| ۋەھ. | 7:11 | دان. 21:7؛ ۋەھ. 7:13،11. |
| ۋەھ. | 8:11 | ۋەھ. 2:7، 5؛ 10:18. |
| ۋەھ. | 11:11 | ئەز. 5:37،10. |
| ۋەھ. | 14:11 | ۋەھ. 13:8؛ 12:9؛ 1:15. |
| ۋەھ. | 17:11 | ۋەھ. 4:1، 8؛ 18:4؛ 5:16. |
| ۋەھ. | 19:11 | ۋەھ. 5:15. |
| ۋەھ. | 5:12 | زەب. 9:2؛ ۋەھ. 27:2. |
| ۋەھ. | 6:12 | ۋەھ. 3:11. |
| ۋەھ. | 8:12 | دان. 35:2. |
| ۋەھ. | 9:12 | لۇقا 18:10؛ ۋەھ. 2:20. |
| ۋەھ. | 12:12 | زەب. 11:96؛ يەش. 13:49؛ ۋەھ. 13:8. |
| ۋەھ. | 14:12 | ۋەھ. 6:2. |
| ۋەھ. | 1:13 | دان. 20:7؛ ۋەھ. 3:17. |
| ۋەھ. | 4:13 | ۋەھ. 18:18. |

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 5:13 | ۋەھ. 2:11. |
| ۋەھ. | 7:13 | دان. 21:7؛ ۋەھ. 7:11. |
| ۋەھ. | 8:13 | مىس. 33:32؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 5:3؛ 8:17؛ 12:20؛ 27:21. |
| ۋەھ. | 10:13 | يار. 6:9؛ مات. 52:26؛ ۋەھ. 12:14. |
| ۋەھ. | 11:13 | ۋەھ. 7:11. |
| ۋەھ. | 12:13 | ۋەھ. 20:19. |
| ۋەھ. | 13:13 | 2تېــس. 9:2؛ ۋەھ. 14:16. |
| ۋەھ. | 14:13 | قان. 2:13؛ مات. 24:24؛ ۋەھ. 14:16؛ 20:19. |
| ۋەھ. | 15:13 | ۋەھ. 20:19. |
| ۋەھ. | 17:13 | ۋەھ. 11:14. |
| ۋەھ. | 18:13 | ۋەھ. 9:17. |
| ۋەھ. | 1:14 | ۋەھ. 4:7؛ 2تار. 7:23 |
| ۋەھ. | 2:14 | ۋەھ. 15:1؛ 8:5. |
| ۋەھ. | 3:14 | ۋەھ. 9:5. |
| ۋەھ. | 4:14 | 2كور. 2:11. |
| ۋەھ. | 5:14 | زەف. 13:3؛ ئەف. 27:5. |
| ۋەھ. | 7:14 | يار. 1:1؛ زەب. 6:33؛ 8:124؛ 6:146؛ روس. 15:14؛ 24:17. |
| ۋەھ. | 8:14 | يەش. 9:21؛ يەر. 8:51؛ ۋەھ. 19:16؛ 5:17؛ 2:18،10،21. |
| ۋەھ. | 10:14 | ۋەھ. 19:16؛ 6:18؛ 20:19. |
| ۋەھ. | 11:14 | ۋەھ. 3:19. |
| ۋەھ. | 12:14 | ۋەھ. 10:13. |
| ۋەھ. | 14:14 | ئەز. 26:1؛ دان. 13:7؛ ۋەھ. 13:1. |
| ۋەھ. | 15:14 | يو. 13:3؛ مات. 39:13. |
| ۋەھ. | 19:14 | ۋەھ. 15:19. |
| ۋەھ. | 20:14 | يەش. 3:63. |
| ۋەھ. | 1:15 | ۋەھ. 14:11. |
| ۋەھ. | 2:15 | ۋەھ. 6:4؛ مىك. 18:7. |
| ۋەھ. | 3:15 | زەب. 2:111؛ 14:139؛ 17:145. |

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 4:15 | يەر. 7:10. |
| ۋەھ. | 5:15 | ۋەھ. 19:11. |
| ۋەھ. | 6:15 | ۋەھ. 13:1. |
| ۋەھ. | 8:15 | مىس. 34:40؛ 1پاد. 8:10؛ يەش. 4:6. |
| ۋەھ. | 2:16 | مىس. 9:9،10،11؛ ۋەھ. 14:13،16،17. |
| ۋەھ. | 3:16 | مىس. 20:7. |
| ۋەھ. | 5:16 | ۋەھ. 4:1، 8؛ 8:4؛ 17:11. |
| ۋەھ. | 6:16 | مات. 34:23. |
| ۋەھ. | 7:16 | ۋەھ. 3:15. |
| ۋەھ. | 9:16 | ۋەھ. 11:16،21. |
| ۋەھ. | 14:16 | 2تېس. 9:2؛ ۋەھ. 13:13؛ 14:17؛ 19:19،20؛ 8:20. |
| ۋەھ. | 15:16 | مات. 43:24؛ لۇقا 39:12؛ 1تېس. 2:5؛ 2پېت. 10:3؛ ۋەھ. 3:3،18. |
| ۋەھ. | 17:16 | ۋەھ. 6:21. |
| ۋەھ. | 18:16 | ۋەھ. 5:4؛ 5:8. |
| ۋەھ. | 19:16 | يەر. 15:25؛ ۋەھ. 8:14،10؛ 5:18. |
| ۋەھ. | 21:16 | ۋەھ. 19:11؛ 9:16،11. |
| ۋەھ. | 3:17 | ۋەھ. 1:13؛ 8:17. |
| ۋەھ. | 4:17 | ۋەھ. 16:18. |
| ۋەھ. | 5:17 | 2تېس. 7:2. |
| ۋەھ. | 6:17 | ۋەھ. 24:18. |
| ۋەھ. | 8:17 | مىس. 32:32؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 8:13. |
| ۋەھ. | 9:17 | ۋەھ. 1:13،18. |
| ۋەھ. | 12:17 | دان. 20:7؛ ۋەھ. 1:13. |
| ۋەھ. | 14:17 | 1تىم. 15:6؛ ۋەھ. 14:16؛ 16:19. |
| ۋەھ. | 15:17 | يەش. 7:8. |
| ۋەھ. | 16:17 | ۋەھ. 8:18. |
| ۋەھ. | 18:17 | ۋەھ. 19:16. |

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 2:18 | يەش. 21:13؛ 21:9؛ 11:34،14؛ يەر. 39:50؛ 8:51؛ ۋەھ. 8:14. |
| ۋەھ. | 3:18 | ۋەھ. 8:14؛ 2:17. |
| ۋەھ. | 4:18 | يار. 12:19؛ يەش. 20:48؛ 11:52؛ يەر. 6:51،45؛ 2كور. 17:6. |
| ۋەھ. | 5:18 | ۋەھ. 19:16. |
| ۋەھ. | 6:18 | ۋەھ. 10:14. |
| ۋەھ. | 7:18 | يەش. 8:47. |
| ۋەھ. | 8:18 | 2تېس. 8:2؛ ۋەھ. 16:17. |
| ۋەھ. | 9:18 | ۋەھ. 2:17؛ 3:18،18. |
| ۋەھ. | 10:18 | يەش. 9:21؛ يەر. 1:51؛ ۋەھ. 8:14. |
| ۋەھ. | 13:18 | ئەز. 13:27. |
| ۋەھ. | 16:18 | ۋەھ. 4:17. |
| ۋەھ. | 18:18 | يەش. 10:34؛ ۋەھ. 4:13؛ 9:18. |
| ۋەھ. | 20:18 | ۋەھ. 2:19. |
| ۋەھ. | 21:18 | يەر. 64:51. |
| ۋەھ. | 22:18 | يەر. 10:25؛ ئەز. 13:26. |
| ۋەھ. | 23:18 | يەر. 34:7؛ 9:16؛ 10:25. |
| ۋەھ. | 24:18 | ۋەھ. 6:17. |
| ۋەھ. | 2:19 | قان. 43:32؛ ۋەھ. 3:15؛ 7:16؛ 20:18. |
| ۋەھ. | 3:19 | يەش. 10:34؛ ۋەھ. 11:14؛ 18:18. |
| ۋەھ. | 6:19 | ۋەھ. 17:11. |
| ۋەھ. | 7:19 | مات. 2:22؛ لۇقا 16:14. |
| ۋەھ. | 9:19 | ۋەھ. 5:21. |
| ۋەھ. | 10:19 | روس. 26:10؛ 14:14؛ ۋەھ. 9:22. |
| ۋەھ. | 11:19 | ۋەھ. 2:6. |
| ۋەھ. | 12:19 | ۋەھ. 14:1. |
| ۋەھ. | 13:19 | يەش. 1:63؛ يـۇھ. 1:1. |
| ۋەھ. | 14:19 | مات. 3:28؛ ۋەھ. 4:4؛ 9:7. |

ۋەھ. 15:19 زەب. 9:2؛ يەش. 3:63؛ ۋەھ. 16،27:2؛ 20،19:14؛ 21:19.
ۋەھ. 16:19 1تىم. 15:6؛ ۋەھ. 14:17.
ۋەھ. 17:19 يەر. 9:12؛ ئەز. 17:39.
ۋەھ. 20:19 قان. 2:13؛ دان. 11:7؛ مات. 24:24؛
ۋەھ. 16،15،13،12:13؛ 14:16؛ 10:20.
ۋەھ. 1:20 ۋەھ. 18:1.
ۋەھ. 2:20 2پېت. 4:2؛ ۋەھ. 9:12.
ۋەھ. 3:20 ۋەھ. 16،14:16؛ 8:20.
ۋەھ. 4:20 ۋەھ. 9،11:6؛ 16،15،12:13.
ۋەھ. 6:20 يەش. 6:61؛ 1پېت. 9:2؛ ۋەھ. 6:1؛ 10:5.
ۋەھ. 8:20 ئەز. 2:38؛ 1:39؛ ۋەھ. 14:16.
ۋەھ. 10:20 دان. 11:7؛ ۋەھ. 10:14؛ 20:19.
ۋەھ. 12:20 مىس. 32:32؛ زەب. 12:62؛ 28:69؛
يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛
2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ فىل. 3:4؛
ۋەھ. 23:2؛ 5:3.
ۋەھ. 1:21 يەش. 17:65؛ 22:66؛ 2پېت. 13:3.
ۋەھ. 2:21 ۋەھ. 12:3؛ 10:21.
ۋەھ. 3:21 ئەز. 7:43.
ۋەھ. 4:21 يەش. 8:25؛ ۋەھ. 17:7.
ۋەھ. 5:21 يەش. 19:43؛ 2كور. 17:5؛ ۋەھ. 2:4؛ 9:19؛ 11:20.
ۋەھ. 6:21 يەش. 4:41؛ 6:44؛ 1:55؛ ۋەھ. 8:1؛ 17:16؛ 13:22.
ۋەھ. 7:21 زەك. 8:8؛ ئىبر. 10:8.
ۋەھ. 8:21 ۋەھ. 15،14:20؛ 15:22.
ۋەھ. 9:21 ۋەھ. 6:15، 7.
ۋەھ. 10:21 ئىبر. 22:12؛ ۋەھ. 10:1؛ 2:21.
ۋەھ. 14:21 ئەف. 20:2.
ۋەھ. 15:21 ئەز. 3:40؛ زەك. 18:1.

| | | |
|---|---|---|
| ۋەھ. | 23:21 | يەش. 19:60؛ زەك. 7:14. |
| ۋەھ. | 24:21 | يەش. 3:60. |
| ۋەھ. | 25:21 | يەش. 11:60؛ ۋەھ. 5:22. |
| ۋەھ. | 27:21 | مىس. 32:32؛ زەب. 28:69؛ فىل. 3:4؛ ۋەھ. 3:5؛ 12:20. |
| ۋەھ. | 1:22 | ئەز. 1:47؛ زەك. 8:14. |
| ۋەھ. | 2:22 | ۋەھ. 7:2. |
| ۋەھ. | 4:22 | ۋەھ. 12:3. |
| ۋەھ. | 5:22 | يەش. 19:60؛ زەك. 7:14؛ ۋەھ. 23:21. |
| ۋەھ. | 6:22 | ۋەھ. 1:1؛ 9:19؛ 5:21. |
| ۋەھ. | 7:22 | ۋەھ. 3:1. |
| ۋەھ. | 9:22 | روس. 26:10؛ 14:14؛ ۋەھ. 10:19. |
| ۋەھ. | 10:22 | دان. 26:8؛ 4:12؛ ۋەھ. 3:1. |
| ۋەھ. | 12:22 | زەب. 12:62؛ يەر. 10:17؛ 19:32؛ مات. 27:16؛ رىم. 6:2؛ 12:14؛ 1كور. 8:3؛ 2كور. 10:5؛ گال. 5:6؛ ۋەھ. 23:2. |
| ۋەھ. | 13:22 | يەش. 4:41؛ 6:44؛ 12:48؛ ۋەھ. 8:1؛ 6:21. |
| ۋەھ. | 15:22 | 1كور. 10:6؛ ئەف. 5:5؛ كول. 5:3، 6. |
| ۋەھ. | 16:22 | يەش. 10:11؛ رىم. 12:15؛ 2پېت. 19:1؛ ۋەھ. 1:1؛ 5:5. |
| ۋەھ. | 17:22 | يەش. 1:55؛ يـۇھ. 37:7. |
| ۋەھ. | 19:22 | قان. 2:4؛ 32:12؛ پەند. 6:30؛ ۋەھ. 8:13؛ 8:17. |